هاپىز سالاھىددىن يۈسۈپ

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى

(سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھلەنگەن)

1

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

بسم الله الرحمن الرحيم

هاپىز سالاھىددىن يۈسۈپ

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى

(سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھلەنگەن)

1

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

بۇ تەپسىرنىڭ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشىغا ماددىي ياردەم قىلغان مۇھەممەد روزى ھاجىم ئاقتاشتىن ئاللاھ رازى بولسۇن! ئاتا-ئانىسى ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى (1)

(سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھىلەنگەن)

**ھاپىز سالاھۇددىن يۇسۇف**

ئوردوچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد سادىق ئىسمائىل كاشغەرى**

**تەھرىرلىگۈچىلەر:**

ئەخمەتجان توختاجى

ئابدۇسەمەد قاراجىم

ئا. ئوبۇل

ئابدۇلئەزىز ئابدۇرەھىم

سىراجىددىن ئەزىزى

**نازارەتچىلەر:**

ئابدۇررازاق ئۇجاتلى

سىراجىددىن ئەزىزى

بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

2024م / 1445 ھـ بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل-تۈركىيە

# مۇندەرىجە

## 1-توم


مۇقەددىمە ..... 5
«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىگە مۇقەددىمە ..... 7
«ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى» ھەققىدە ..... 25
تەپسىرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە ..... 29

• 1-پارە ..... 33
سۈرە فاتىھە ..... 33
سۈرە بەقەرە ..... 44
• 2-پارە ..... 134
• 3-پارە ..... 228
سۈرە ئال ئىمران ..... 265
• 4-پارە ..... 323
سۈرە نىسا ..... 395
• 5-پارە ..... 422
• 6-پارە ..... 520
سۈرە مائىدە ..... 542
• 7-پارە ..... 617


## 2-توم


سۈرە ئەنئام ..... 9
• 8-پارە ..... 81
سۈرە ئەئراف ..... 122
• 9-پارە ..... 172
سۈرە ئەنفال ..... 240
• 10-پارە ..... 263
سۈرە تەۋبە ..... 287
• 11-پارە ..... 357
سۈرە يۇنۇس ..... 387
سۈرە ھۇد ..... 451

• 12-پارە 455
سۈرە يۇسۇف 522
• 13-پارە 552
سۈرە رەئىد 584
سۈرە ئىبراھىم 616


## 3 -توم


سۈرە ھىجىر 9
• 14-پارە 9
سۈرە نەھل 36
• 15-پارە 103
سۈرە ئىسرا 103
سۈرە كەھف 161
• 16-پارە 204
سۈرە مەريەم 221
سۈرە تاھا 256
سۈرە ئەنبىيا 307
• 17-پارە 307
سۈرە ھەج 354
• 18-پارە 407
سۈرە مۇئمىنۇن 407
سۈرە نۇر 445
سۈرە فۇرقان 499
• 19-پارە 510
سۈرە شۇئەرا 535
سۈرە نەمىل 584
• 20-پارە 610


## 4-توم


سۈرە قەسەس 5
سۈرە ئەنكەبۇت 58
• 21-پارە 84
سۈرە رۇم 99
سۈرە لۇقمان 133
سۈرە سەجدە 156
سۈرە ئەھزاب 172
• 22-پارە 196
سۈرە سەبە 229
سۈرە فاتىر 263
سۈرە ياسىن 293
• 23-پارە 301
سۈرە سافقات 323
سۈرە ساد 361

سۈرە زۇمەر ........ 392

• 24-پارە 411

سۈرە غافىر ........ 435

سۈرە ھا مىم سەجدە ........ 483

• 25-پارە 511

سۈرە شۇرا ........ 517

سۈرە زۇخرۇف ........ 550

سۈرە دۇخان ........ 585

سۈرە جاسىيە ........ 601


## 5-توم


• 26-پارە 5

سۈرە ئەھقاف ........ 5

سۈرە مۇھەممەد ........ 29

سۈرە فەتىھ ........ 52

سۈرە ھۇجۇرات ........ 78

سۈرە قاف ........ 93

سۈرە زارىيات ........ 109

• 27-پارە 116

سۈرە تۇر ........ 125

سۈرە نەجم ........ 140

سۈرە قەمەر ........ 157

سۈرە راھمان ........ 173

سۈرە ۋاقىئە ........ 191

سۈرە ھەدىد ........ 210

• 28-پارە 233

سۈرە مۇجادىلە ........ 233

سۈرە ھەشر ........ 251

سۈرە مۇمتەھىنە ........ 269

سۈرە سەف ........ 285

سۈرە جۇمئە ........ 294

سۈرە مۇنافىقۇن ........ 301

سۈرە تەغابۇن ........ 308

سۈرە تەلاق ........ 319

سۈرە تەھرىم ........ 332

• 29-پارە 343

سۈرە مۇلك ........ 343

سۈرە قەلەم ........ 357

سۈرە ھاققە ........ 372

سۈرە مەئارىج ........ 384

سۈرە نۇھ ........ 394

سۈرە جىن ........ 405

سۈرە مۇزەممىل ........ 417

سۈرە مۇدەسسىر ........ 427

سۈرە قىيامەت ........ 438

سۈرە ئىنسان ........ 447

سۈرە مۇرسەلات 459

• 30-پارە 470

سۈرە نەبە 470
سۈرە نازىئات 480
سۈرە ئەبەسە 490
سۈرە تەكۋىر 498
سۈرە ئىنفىتار 505
سۈرە مۇتەففىفىين 510
سۈرە ئىنشىقاق 518
سۈرە بۇرۇج 524
سۈرە تارىق 531
سۈرە ئەئلا 536
سۈرە غاشىيە 541
سۈرە فەجىر 546
سۈرە بەلەد 554
سۈرە شەمس 559
سۈرە لەيل 563
سۈرە زۇها 568
سۈرە ئىنشىراھ 571
سۈرە تىين 574
سۈرە ئەلەق 578
سۈرە قەدر 583
سۈرە بەييىنە 586
سۈرە زىلزال 591
سۈرە مۇلك 594
سۈرە قارىئە 598
سۈرە تەكاسۇر 602
سۈرە ئەسىر 605
سۈرە هۇمەزە 607
سۈرە فىل 610
سۈرە قۇرەيش 613
سۈرە مائۇن 615
سۈرە كەۋسەر 618
سۈرە كافىرۇن 620
سۈرە نەسىر 622
سۈرە لەھەب 624
سۈرە ئىخلاس 627

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇقەددىمە

دەۋەت ۋە دىنىي ئىشلار مىنىستىرى، پادىشاھ فەھد «قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى رەئىسى شەيخ دوكتۇر ئابدۇللەتىف ئابدۇلئەزىز ئابدۇرەھمان ئال شەيختىن:

بارلىق مەدھىيە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ سۈرە مائىدەنىڭ 15-ئايىتىدە: ﴿...سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى﴾ دېدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالام ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن. ئۇ ھەدىستە: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى قۇرئان كەرىمنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر» دېدى.

ئىككى ھەرەم خادىمى پادىشاھ سەلمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئال سەئۇدنىڭ-ئاللاھ ھىمايە قىلسۇن-ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى ۋە تەپسىرىنى دۇنيادىكى ھەر قايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارغا كەڭ تارقىتىش ھەققىدە چۈشۈرگەن پەرمانىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن؛ سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىدىكى دەۋەت، يېتەكلەش ۋە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇ خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەرەب تىلىدىن باشقا تىللاردا سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارغا قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشۈنۈشنى ئاسانلاشتۇرۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ، يەتكۈزۈڭلار» دېگەن بۇيرۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇردو تىلىدا سۆزلەيدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى «پادىشاھ فەھد ‹قۇرئان كەرىم›نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى» ئارقىلىق مۆھتەرەم كىتابخانلارغا ئۇردو تىلىدا تەييارلانغان، تەرجىمىسىنى مەۋلانا مۇھەممەد جوناگىرى ئىشلىگەن، تەپسىرىنى مەۋلانا سالاھۇددىن يۇسۇف

ئىشلىگەن، دوكتۇر ۋەسىيۇللاھ مۇھەممەد ئابباس ۋە دوكتۇر ئەختەر جامال لوقمان تەكشۈرۈپ بېكىتكەن قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىنى تەقدىم قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا شۈكرىلەر بولسۇنكى، ئۇ بىزنى بۇ بۈيۈك خىزمەتنى روياپقا چىقىرىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. بۇنى ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنىڭ رىزالىقىنى كۆزلىگەن ئەمەل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىنى ۋە كىشىلەرگە پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت شۇكى، تەرجىمان قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ھەر قانچە كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىسىمۇ، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى ئۆز لايىقىدا ئىپادىلەشتىن، مۆجىزىلىك ئايەتلەرنىڭ مەقسەتلىرىنى تولۇق بايان قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ.

تەرجىمان ئىپادىلىگەن مەنىلەر ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى چۈشىنىشتە يەتكەن ئىلمي سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ تەرجىمىسىمۇ ئىنسان قىلغان ھەر قانداق ئىش دۇچار بولىدىغان كەمچىلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ.

مەزكۇر تەرجىمە ۋە تەپسىردە كۆرۈلگەن ھەر قانداق بىر خاتالىق ۋە سەۋەنلىكنى ئىنشائاللاھ كېلەر قېتىمقى باسمىدا تۈزىتىپ نەشر قىلىش ئۈچۈن، مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پادىشاھ فەھد «قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى ئوقۇرمەنلەردىن ئىلتىماس قىلىمىز.

ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر.

«ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن.»

بسم الله الرحمن الرحيم

# «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىگە مۇقەددىمە

## كىرىش سۆز

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى سۆز ۋە مەنىلىرى بىلەن ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەندۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىشارەت بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى روشەن چىراغ ۋە جىمى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەندۇر.

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئومۇمىي تەرىپى

### بىرىنچى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن كالامىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۆزلىرىنى شۇنداقلا مەنىلىرىنى ۋەھيي سۈپىتىدە چۈشۈرگەندۇر. ئۇ «مُصْحَفُ»كە يەنى سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ناھايىتى كۆپ ئىشەنچلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئەسلىي ھالىتىدە ئوقۇلۇپ، يادقا ئېلىنىپ، ساقلانغاندۇر. ئۇنى تىلاۋەت قىلىش ئىبادەتتۇر.

بۇ ۋەھيىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ نامىنى «قۇرئان» دەپ ئاتىدى. ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْقُرْآنَ تَنْزِيلًا ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ھەقىقەتەن بىز ساڭا قۇرئاننى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق.﴾ (سۈرە دەھر 23 ـ ئايەت) «قۇرئان» كۆپ ئوقۇلىدىغان كىتاب دېمەكتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى تەرك ئەتمەي

ئوقۇش ۋە تىلاۋەت قىلىش لازىمدۇر.

شۇنىڭدەك يەنە ئاللاھ تائالا ئۇنى «اَلْكِتٰبَ » دەپمۇ ئاتىدى. ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ اِنَّا اَنْزَلْنَا اِلَيْكَ الْكِتٰبَ بِالْحَقِّ ﴾ ﴿ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق.﴾ (سۈرە نىسا 105-ئايەت) ئۇ كۆپ يېزىلىدىغان ۋە بېسىلىدىغان كىتابتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى يېزىشقا ۋە باستۇرۇپ تارقىتىشقا كۆپ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش ئۇنى قەدىرلىگەنلىك ۋە ھەققىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿ اَلْفُرْقَانُ﴾ «فۇرقان ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىغۇچى»، ﴿ الذِّكْرُ﴾ «نەسىھەت»، ﴿ هُدَى﴾ «ھىدايەت»، ﴿ مَوْعِظَةٌ﴾ «ۋەز-نەسىھەت»، ﴿ نُورٌ﴾ «نۇر»، ﴿ شِفَاءٌ﴾ «شىپا» ﴿ حَكِيْمٌ﴾ «ھېكمەتكە تولغان كىتاب» دېگەندىن ئىبارەت سۈپەتلىرىنىمۇ بايان قىلدى. بۇ سۈپەتلەر قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە دەۋىتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى بىلدۈرىدۇ. «اَلْمُصْحَفُ» دېگەن ناممۇ قۇرئان كەرىم يېزىلغان «صُحُفٌ» سەھىپىلەر دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. ساھابىلەر قۇرئان كەرىم يېزىلغان مەزكۇر سەھىپىلەرنى «اَلْمُصْحَفُ» دەپ ئاتىغان ئىدى.

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە چۈشۈرگەن ۋەھىيسىدۇر. ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ وَاِنَّهٗ لَتَنْزِيْلُ رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ ۞ نَزَلَ بِهِ الرُّوْحُ الْاَمِيْنُ ۞ عَلٰى قَلْبِكَ لِتَكُوْنَ مِنَ الْمُنْذِرِيْنَ ۞ بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُّبِيْنٍ ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك (پەرىشتە) جىبرىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە روشەن ئەرەب تىلىدا ئېلىپ چۈشتى.﴾ (سۈرە شۇئەرا 192-ئايەتتىن 195-ئايەتكىچە) جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا ۋەھيى ئېلىپ چۈشكەن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارغىمۇ ۋەھيى ئېلىپ چۈشكەن ئىدى.

پەيغەمبەرلىك مەسئۇلىيىتى ئېغىر ۋەزىپە بولغاچقا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ اَللّٰهُ يَصْطَفِىْ مِنَ الْمَلٰٓئِكَةِ رُسُلًا وَّمِنَ النَّاسِ﴾ ﴿ئاللاھ پەرىشتىلەردىنمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى يەتكۈزۈش ئۈچۈن)، ئىنسانلاردىنمۇ (شەرىئەتنى

بەندىلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن) ئەلچىلەرنى تاللايدۇ.﴿ (سۈرە ھەج 75-ئايەت) كىمنىڭ پەيغەمبەرلىككە لايىق، كىمنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، چۈنكى ئۇ بارلىق مەخلۇقاتنى ياراتقۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ وَيَخْتَارُ﴾ (ئاللاھ (مەخلۇقاتىدىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ.) (سۈرە قەسەس 68-ئايەت)

## ئىككىنچى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى

«قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيە 610-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17-كۈنى، دۈشەنبە مەككە مۇكەررەمەدىكى ھىرا غارىدا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ يەردە جىبرىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئېلىپ چۈشتى: ﴿اِقْرَاْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِىْ خَلَقَ * خَلَقَ الْاِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ * اِقْرَاْ وَرَبُّكَ الْاَكْرَمُ * الَّذِىْ عَلَّمَ بِالْقَلَمِ * عَلَّمَ الْاِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾ ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.﴾ (سۈرە ئەلەق 1-ئايەتتىن 5-ئايەتكىچە) بۇ ئايەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن بۇرۇن نازىل بولدى.

ۋەھيىنىڭ باشلىنىش ۋەقەسى سەھىھۇل بۇخارىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«بۇ ئايەتلەر چۈشكەندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا پەيدا بولغان قورقۇنچ بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە قورقۇنچىسىنى بېسىش ئۈچۈن، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، دېدى. ئۇ قورقۇنچىسى توگىگىچە يۆگەپ قويۇلدى. ئاندىن ئۇ ئايالى (مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) غا يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىلدى ۋە ئۆزۈم توغرىسىدا قورقۇپ قالدىم، دېدى.

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ: ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ سېنى ھەرگىز خار قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش-ئەقرىبالارغا شەپقەت قىلىسەن، ئاجىز-بىچارىلەرگە

ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، راست سۆزلەيسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىۋالىسەن، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىسەن، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئىلگىرى خرىستىئان بولغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدىكى ئىنجىلنى ئوقۇيتتى. ئۇ ياشىنىپ قالغان تەجرىبىلىك بىر كىشى ئىدى. خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋەرەقەگە: ئى تاغامنىڭ ئوغلى، قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ۋەرەقە ئۇنىڭغا: بۇ «النَّامُوْسُ»[1] (يەنى جىبرىل) مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي ئېلىپ چۈشكەن پەرىشتىدۇر، مەن سېنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغان ۋاقتىلىرىڭدا كاشكى ياش يىگىت بولسامچۇ؟ مەن قەۋمىڭنىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋاقتىدا كاشكى ھايات بولغان بولسامچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەجەبلىنىپ: قەۋمىم مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتەرمۇ؟ دېدى. ۋەرەقە: ھەئە، ھەيدەپ چىقىرىدۇ. پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بولىدۇ. سېنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ھايات بولغان بولسام، ساڭا يېقىندىن ياردەم قىلغان بولاتتىم، دېدى[2]». بۇ ئۇچرىشىش بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئاندىن شۇ تەرىقىدە ۋەھىي چۈشۈشكە باشلىدى.

«قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئوخشاش بىر قېتىمدا توپلام شەكلىدە نازىل قىلىنغان ئەمەس، بەلكى 23 يىل جەريانىدا ئاز-ئازدىن پارچە-پارچە شەكىلدە چۈشۈرۈلۈپ تۇرغان، گاھىدا پۈتۈن بىر سۈرە چۈشۈرۈلگەن بولسا، گاھىدا بىر سۈرىنىڭ بىر قانچە ئايەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ ئاز-ئازدىن پارچە-پارچە شەكىلدە چۈشۈرۈلۈشىدىكى ھېكمەت، جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پات-پات ۋەھىي ئېلىپ چۈشۈپ تۇرىشى ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش، ئۇنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش ئىدى. شۇنداق بولغاندا، پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن تارتىپلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلاردىن كەلگەن

[1] بۇ پەيغەمبەرلەرگە ۋەھىي ئېلىپ چۈشۈشكە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىدى

[2] سەھىھۇل بۇخارى 3392-ھەدىس

قارشىلىق ۋە ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشتە بوشاشماي مۇستەھكەم تۇرۇشىغا مەدەت بولاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ الْقُرْآنُ جُمْلَةً وَاحِدَةً ۚ كَذَٰلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِ فُؤَادَكَ وَرَتَّلْنَاهُ تَرْتِيلًا﴾ ﴿كاپىرلار: ‹قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟› دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە ـ پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى دانە ـ دانە ئوقۇپ بەردۇق.﴾ (سۈرە فۇرقان 32 ـ ئايەت) يەنى بۇنىڭدىن مەقسەت سېنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ دىلىنى قۇرئان بىلەن مۇستەھكەم قىلىش ۋە ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿وَقُرْآنًا فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى النَّاسِ عَلَىٰ مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنْزِيلًا﴾ ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق.﴾ (سۈرە ئىسرا 106 ـ ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەدرىجىي شەكىلدە نازىل قىلىنىشىدا يەنە بىر تەربىيۋىي ھېكمەت مۇ بار[1]، ئۇ بولسىمۇ، مۇئمىنلەرگە دىنىي ئەھكاملارنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتا تەدرىجىي ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار دىنىي ئەھكاملارنى ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. يەنە ئۇلارنى جاھالەت، كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن تەدرىجىي شەكىلدە ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىمان ۋە تەۋھىدنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقارغىلى بولاتتى.

## ئۈچىنچى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېزىلىپ ساقلىنىشى

سۆزلەنگەن نۇتۇق ۋە لېكسىيەلەرنى ساقلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇسۇلى ئۇنى يېزىپ ساقلاشتۇر، يېزىۋېلىنمىغان سۆزلەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» قىيامەتكە قەدەر ئىنسانلارغا ھىدايەت ۋە يولباشچى قىلىنىپ چۈشۈرۈلگەن كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى يېزىپ ساقلاش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ئىچىدىن ماھىر خەتتاتلارنى تاللاپ، ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم»نى يېزىشقا بۇيرۇغان ئىدى. چۈشكەن ۋەھىيلەرنى يېزىپ خاتىرىلەپ ماڭىدىغان ساھابىلەردىن مەشھۇر بولغىنى

[1] تەپسىر تەبەرىي 10 ـ توم، 19 ـ بەت. ئەلمورشىد ئەلۋەجىز ئەبۇ شامە ئەلمەقدەسى 28 ـ بەت

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بۇۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەر ۋاقىت چۈشكەن ئايەتلەرنى ئۇلارغا يازدۇرۇپ تۇراتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئادىتى بويىچە ھەر قېتىم ۋەھيى نازىل بولغان ھامان ئۇنى ئۆزى يادقا ئېلىۋالاتتى، ئاندىن ۋەھيى يازىدىغانلارنى چاقىرىپ، ئۇنى يازدۇراتتى، ھەمدە قايسى ئايەتنى قايسى سۈرىگە، قايسى ئىما ۋە قايسى ئايەتتىن كېيىن يېزىش ھەققىدىمۇ تەلىمات بېرەتتى[2]. ئاندىن ساھابىلىرىگە يېڭى نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئۆگىنىشكە ۋە يادقا ئېلىشقا ئەمر قىلاتتى. شۇ تەرىقىدە «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ھاياتىدا (تېرە ۋە خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىدىن ياسالغان) سەھىپىلەرگە يېزىۋېلىنغان ئىدى[3]. دېمەك «قۇرئان كەرىم» مەزكۇر سەھىپىلەردە ۋە قارىيلارنىڭ دىللىرىدا ساقلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى بىر قېتىم «قۇرئان كەرىم»نى تەكرار قىلىپ، جىبرىل ئەلەيھىسسالامغا تىڭشىتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى بولسا ئىككى قېتىم تىڭشاتقان ئىدى.

ھازىرقى «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپى ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇپ بەرگەن تەرتىپ بويىچە رەتلىنىپ ساقلانغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلەردىكى ۋەدىسىگە ئۇيغۇندۇر: ﴿إِنَّ عَلَيۡنَا جَمۡعَهُۥ وَقُرۡءَانَهُۥ ۞ فَإِذَا قَرَأۡنَٰهُ فَٱتَّبِعۡ قُرۡءَانَهُۥ﴾ ﴿ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن.﴾ (سۈرە قىيامەت 17 –، 18-ئايەتلەر) ﴿سَنُقۡرِئُكَ فَلَا تَنسَىٰٓ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، سەن ئۇنى ئۇنتۇمايسەن.﴾ (سۈرە ئەئلا 6-ئايەت)

## تۆتىنچى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ كىتاب شەكلىدە توپلىنىشى

[1] تەپسىر تەبەري 1-توم، 28-بەت.

[2] سۈنەن ئەبى داۋۇد 786-ھەدىس، سۈنەن تىرمىزى 3086-ھەدىس، بۇ ھەدىسنى ھاكىم 3325-ھەدىستە بايان قىلغان ۋە ئۇنى سەھىھ دەپ باھا بەرگەن، چۈنكى، بۇ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتلىرىگە چۈشىدۇ، گەرچە ئۇلار بۇ ھەدىسنى كىتابلىرىدا ئالمىغان بولسىمۇ.

[3] سەھىھۇل بۇخارى 4592-، 4593-ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئالغان قارىيلارنىڭ ۋاپات بولۇشى ۋە «قۇرئان كەرىم» خاتىرلەنگەن سەھىپىلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر قىسىم بۆلەكلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»نى بىر كىتاب شەكلىدە توپلاشقا ئەمىر قىلدى ۋە بۇ بۈيۈك خىزمەتنى قارىيلاردىن ۋەھيىنى خاتىرلىگۈچى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇردى. ئۇ ئىلگىرى يېزىلغان سەھىپىلەردىكى ئايەتلەرنى قارىيلارنىڭ يادىلىغانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن يېڭى سەھىپىلەرگە كۆچۈردى، شۇ تەرىقىدە ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى توپلام بىر كىتاب قىلىپ، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرۇپ بەردى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرىنچى قېتىم جەملەنگەن بۇ ئەسلىي نۇسخىسى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە ساقلاندى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە ساقلاندى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ساقلاندى[1].

ئىسلام دىنى ھەر قايسى شەھەر ۋە رايونلارغا كېڭەيگەنسىرى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپەيدى. «قۇرئان كەرىم» يەتتە خىل شېۋىدە چۈشكەن بولغاچقا، ھەركىم ئۆزى ئۆز شېۋىسى بويىچە ئوقۇيدىغان، باشقا بىر شېۋىدە ئوقۇيدىغانلارنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. شېۋىدىكى ئوخشىماسلىقنىڭ ئىختىلاپقا سەۋەب بولماسلىقى ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى بىر خىل شېۋىدە ئوقۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ساھابە كىراملار شۇ ۋاقىتتىكى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كىشىلەرنى بىر خىل شېۋىگە بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر-تەكلىپ بەردى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمرى بويىچە زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشچىلىقىدا ۋەھيىنى يېزىشقا قاتناشقان قارىيلاردىن بىر گۇرۇپ تەشكىللەندى، بۇلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە جەملىنىپ، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخا ۋە باشقا ساھابىلەردە ساقلانغان نۇسخىلارنى

[1] سەھىھۇل بۇخارى 4986-ھەدىس، سۇنەن تىرمىزى 3103-ھەدىس، مۇسنەد ئىمام ئەھمەد 76-ھەدىس

تولىلاپ، «قۇرئان كەرىم»نى قۇرەيش شېۋىسى بويىچە قايتىدىن يېزىپ چىقتى. شۇ ئاساسىي نۇسخىدىن ئالتە (يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسەن يەتتە) نۇسخىنى يېزىپ كۆپەيتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ نۇسخىلاردىن بىرىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى باشقا مەملىكەتلەرگە ئەۋەتىپ بەردى، ھەممە مۇسۇلمانلارغا مۇشۇ نۇسخىنى ئاساس قىلىپ، ئوقۇش ۋە كۆپەيتىش توغرىسىدا تەلىمات بەردى.

ھازىرقى دەۋردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەيلى قولىيازما نۇسخىسى بولسۇن ياكى باسما نۇسخىسى بولسۇن، ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر قايسى مەملىكەتلەرگە ئەۋەتكەن ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىلارنىڭ جۈملە-ئىبارىلىرى ۋە تەرتىۋى بىردەك ئوخشاش ۋە پەرقسىز بولۇپ، ھېچبىرىدە زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس.

تارىختىن بېرى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى باستۇرۇش ۋە تارقىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى «پادىشاھ فەھد ‹قۇرئان كەرىم›نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى» «قۇرئان كەرىم»نى بېسىپ-تارقىتىشقا ئەھمىيەت بەرگەن دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ئورگاندۇر. بۇ ئورگان ئەڭ يېڭى تېخنىكا ۋە ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يازدۇرغان رەسمۇلخەت (ئوسمانىيە نۇسخىسى) بويىچە ئۆلچەملىك، چىداملىق، كۆركەم شەكىلدە نەشر قىلىپ، تارقىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ئورگان ھەربىر مۇسۇلماننى «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈپەتلىك بېسىلغان نۇسخىسىغا ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتتە سەئۇدىي ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە بولغان ھۆرمىتى ۋە ئۇنى نەشر قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## بەشىنچى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ پارىلارغا بۆلۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ تەرتىپى

«قۇرئان كەرىم» جەمئىي 114 سۈرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سۈرە پاتىھەدىن باشلىنىپ سۈرە ناستا ئاخىرلىشىدۇ. ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان سۈرىلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپى ئاسماندىن چۈشۈش تەرتىپى بويىچە ياكى بىراۋنىڭ ئىجتىھادى بويىچە تىزىلغان ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە تىزىلغاندۇر. سۈرە ئەلەق

ھەممىدىن بۇرۇن چۈشكەن بولسىمۇ، تەرتىپتە 97-سۈرىدىن كېيىن تىزىلغان. دېمەك ساھابە كىراملار ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە تىزغان[1].

«قۇرئان كەرىم»دە 30 پارە بار بولۇپ، ھەر پارە (يېرىم پارىدىن) ئىككى بۆلۈم ۋە ھەر بۆلۈم تۆت شاخچە بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر بۆلەكلەرنىڭ بەت ئۈستى ۋە يان تەرىپىدە پەرقلىق بەلگىلىرى بار. بۇ خىلدىكى تەقسىملەش ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھادى بىلەن بولغان بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارغا «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىشنى قولايلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

## ئالتىنچى: «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىش

مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قانداق چۈشۈرۈلگەن بولسا شۇنداق ئوقۇش، تىلاۋەت قىلىش ۋە ئۆگىنىشكە ھەمدە ئۇنىڭ ئىبارىلىرىنى ئۆز پېتى ساقلاشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. مەسىلەن: ساھابە كىراملاردىن «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئالغان قارىي ئۇستازلار ئۇنى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تابىئىن شاگىرتلىرى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن، ئەمما ساھابىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر) گە تەلىم بەرگەن، ئۇلار تەلىم بېرىشتە ھەربىر ئايەت ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ، ئۇنىڭ مەنىلىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەن. شۇنداقلا ئۇلارغا قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتى بويىچە ئەمەل قىلىشنىمۇ ئۆگەتكەن. تابىئىنلەردىن «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئالغانلار مەخسۇس «قۇرئان كەرىم»نى تەلىم بېرىدىغان مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ساھابىلەردىن ئۆگەنگەنلىرى بويىچە كېيىنكىلەرگە تەلىم بەرگەن. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ۋە تىلاۋەت قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك، يازما نۇسخىسىنى ساقلاش، ئۇنىڭدىكى ھەرپ ۋە سۆزلەرنىڭ سانى، ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى، ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش مېتودى قاتارلىقلارنى ئۆز پېتى ئۆگىتىپ قالدۇرغان. شۇ ۋەجىدىن «قۇرئان كەرىم» بۈگۈنگە قەدەر ئىلگىرىكىلەر قانداق ئوقۇتقان ۋە يادقا ئالدۇرغان بولغان بولسا، شۇنداق ئوقۇتۇلۇپ ۋە تىلاۋەت قىلىنىپ كەلمەكتە. ھەربىر قارىي يەنى «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئوقۇيدىغان كىشى ئۇنى ئۆزىنىڭ قارىي ئۇستازىدىن ئەڭ

[1] بۇ سۆزلەرنى ئەبۇ ئۆمەر ئەددانىي «ئەلمۇقنىئ» نىڭ 8-بېتىدە ئىمام ئىبنى ئەنەستىن نەقىل قىلغان.

پاساھەتلىك تىل بولغان ئەرەب تىلىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن بويىچە تەلىم ئالىدۇ ۋە شۇ پېتى ئوقۇيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ھەر خىل «قىرائەتلەر» يەنى قىرائەت ۋارىيانتلىرى بىلەن ئوقۇلىدۇ. بۇ يەردىكى «قىرائەتلەر» كەلىمە ۋە ھەرپلەرنى ئوقۇش ۋە تەلەپپۇز قىلىشتىكى ھەرخىل ۋارىيانتلارغا قارىتىلغان بولۇپ، تابىئىنلار قارىي ساھابىلەردىن شۇنداق تەلىم ئالغان. ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسەت قىلىشى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى مەزكۇر قىرائەت ۋارىيانتلىرى بىلەن ئوقۇغان ئىدى.

ھازىرقى دەۋردە مەزكۇر قىرائەت ۋارىيانتلىرىدىن ئەڭ مەشھۇر بولغىنى ئاسىمنىڭ قىرائىتى بولۇپ، ئۇنى ساھابىلەرنىڭ شاگىرتى ھەفس ئىبنى سۇلايمان رىۋايەت قىلغان، يەنە بىرى نافىئنىڭ قىرائىتى بولۇپ، ئۇنى ۋەرش تەخەللۇسى قوللانغان ئوسمان ئىبنى سەئىد رىۋايەت قىلغان. مەشھۇر قىرائەتلەردىن يەنە دۇرىي رىۋايەت قىلغان ئەبۇ ئەمر ئەلبەسرىينىڭ قىرائىتى ۋە قالۇن رىۋايەت قىلغان نافىئنىڭ قىرائىتىمۇ بار.

## يەتتىنچى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى – ئۇنىڭ مەنىلىرىنىڭ شەرھىسىنى كۆرسىتىدۇ[1]. ھەر قانداق ئىبارىنىڭ مەقسىتىنى ئۇنىڭدىكى مەنە ۋە ئۇقۇملارنى چۈشەنمەستىن بىلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسى ۋە مەقسەتلىرىنى چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ كِتٰبٌ اَنْزَلْنٰهُ اِلَيْكَ مُبٰرَكٌ لِيَدَّبَّرُوا اٰيٰتِهٖ وَلِيَتَذَكَّرَ اُولُوا الْاَلْبَابِ﴾ ﴿(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر.﴾ (سۈرە ساد 29-ئايەت) تەپەككۇر قىلماق چۈشەنمەكتىن ھاسىل بولىدۇ.

ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) چۈشەنمىگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرھلەپ بېرەتتى[2]، ئۇلارنىڭ تىلى ئەرەبچە بولغانلىقى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ تىلىدا

[1] زەركەشىينىڭ «ئەلبورھان» دېگەن ئەسىرى 1-توم، 13-بەت.

[2] تەپسىر تەبەرىي 1-توم، 37-بەت، شەيخ ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مۇقەددىمە ئۇسۇل تەپسىر» دېگەن ئەسىرى 35-بەت.

نازىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى چۈشۈنۈشتە كۆپ سوئال سوراشقا ئېھتىياج بولمايتتى، ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە تەپسىرگە بولغان ئېھتىياج ئېشىپ باردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىي تەلىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى بولغان تابىئىنلەردىن نەقىل قىلىنغان تەپسىرلەر تەپسىر ئىلمىگە ئاساس بولدى، بۇ خىل تەپسىر «اَلتَّفْسِيْرُ بِالْمَأْثُوْرِ» (ئىلمىي مىراسلارغا ئاساسلانغان تەپسىر) دەپ ئاتالدى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈنۈشتە ئاساسلىق ۋەسىلە بولدى. بۇ ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» ئۈستىگە نازىل بولغان بىرىنچى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۇنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىرىنچىدىن، ئەرەب تىلىنى ئوبدان بىلىدىغانلار ئىدى. ئىككىنچىدىن، «قۇرئان كەرىم» چۈشكەن ۋاقىت-شارائىتلاردا ياشىغان، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرگە شاھىت بولغانلار ئىدى.

## 1-تەپسىرنىڭ تۈرلىرى

مۇپەسسىرلەرنىڭ ئىلمىي قىزىقىشلىرىنىڭ ھەرخىل بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ تەپسىرلىرىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكلەرمۇ ھەرخىل بولغان، مەسىلەن: بەزى مۇپەسسىرلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدىكى گرامماتىكا، مورفولوگىيە ۋە ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن شەرھلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە فىقھىي مەسىلىلەر نۇقتىسىدىن شەرھلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنىڭدەك بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى تارىخىي ۋەقەلىكلەر نۇقتىسىدىن تەپسىر قىلغان بولسا، بەزىلەر ئۇنى ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي نۇقتىدىن تەپسىر قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆلىمالار تەپسىرلەرنى ئىككى قىسىمغا ئايرىغان.

بىرىنچىسى، «اَلتَّفْسِيْرُ بِالْمَأْثُوْرِ» ئىلمىي مىراسلارغا ئاساسلانغان تەپسىر:

بۇ خىل تەپسىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرھلىگەن، ساھابە كىراملار چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرگەن، ئاندىن ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى بولغان تابىئىنلەر ئەسەرلىرىدىن نەقىل قىلىنغان تەپسىرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىسى، «اَلتَّفْسِيْرُ بِالرَّأْيِ أَوْ بِالْاِجْتِهَادِ» مۇپەسسىر ئۆز رايى ياكى

ئىجتىهادى بويىچە قىلىنغان تەپسىر:

بۇ مۇپەسسىر ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى، رايى ۋە ئەقلىي كۆز قارىشى ياكى ئىجتىهادى بويىچە ئىلمىي ئاساسلارغا تايىنىپ قىلىنغان تەپسىرنى كۆرسىتىدۇ.

## 2ـ تەپسىر قىلىشنىڭ ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرى

«قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈنۈشتە ھەممىدىن بۇرۇن ئىلمىي مىراسلارغا ئاساسلانغان تەپسىرلەرگە قاراش كېرەك. چۈنكى، بۇ تەپسىرلەر قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرھلىگەن، ساھابە كىراملار چۈشەنگەن ۋە تابىئىنلار تەلىم ئالغان ئىلمىي مىراسلاردىن ئېلىنغاندۇر.

ئەگەر ئىلمىي مىراسلارغا ئاساسلانغان تەپسىرلەردە بولمىغان ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى شەرھلەش ۋە تەپسىر قىلىش زۆرۈر بولسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇل ۋە قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش زۆرۈردۇر:

1. ئىلمىي مىراسلارغا ئاساسلانغان تەپسىرلەردىن ئېلىنغان مەنىلەرنى نەزەردە تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان ھېچقانداق سۆز قىلماسلىق.

2. بېرىلگەن شەرھى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شېرىپتە كەلگەن ئومۇمىي غايە ـ مەقسەتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، ھېچقانداق بىر مۇپەسسىرنىڭ ئايەتلەرنى مەزكۇر غايە ـ مەقسەتلەرگە زىت كېلىدىغان شەكىلدە تەپسىر قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى ئايەتلىرى باشقا ئايەتلەرنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ، بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. شۇنداقلا ھەدىس شەرىپمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىخچام ئىبارىلىرىنى تەپسىلىي شەكىلدە شەرھلەپ كېلىدۇ، ئۇنىڭغا زىت كەلمەيدۇ.

3. تەپسىر قىلغۇچى ئەرەب تىلىدىكى سۆز مەنىسى، جۈملە قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت تىلىنىڭ قائىدىسى ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى ئوبدان بىلىدىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان بولغاچقا، ئۇنى ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە چۈشۈنۈش ۋە شەرھلەش لازىم.

4. مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەرنى چۈشۈنۈشتە مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەرگە قايتىش كېرەك. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى ئايەتلىرى باشقا ئايەتلەرنى شەرھلەپ كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپىنچە ئايەتلىرى «موھكەم» (ئېنىق) بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرى ئوچۇقتۇر. بەزى ئايەتلەر «مۇتەشابىھ» (مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى چۈشۈنۈشتە بەزى كىشىلەر قىيىنىلىشى مۇمكىن، مەنىلىرى ئوچۇق ئايەتلەرگە قايتقاندا ئۇلارنىڭ مەنىلىرى ئېنىق بولىدۇ ۋە ئاسانلا چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِيٓ اَنْزَلَ عَلَيْكَ الْكِتٰبَ مِنْهُ اٰيٰتٌ مُّحْكَمٰتٌ هُنَّ اُمُّ الْكِتٰبِ وَاُخَرُ مُتَشٰبِهٰتٌ فَاَمَّا الَّذِيْنَ فِيْ قُلُوْبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُوْنَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَآءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَآءَ تَاْوِيْلِهٖ وَمَا يَعْلَمُ تَاْوِيْلَهٗٓ اِلَّا اللّٰهُ وَالرّٰسِخُوْنَ فِي الْعِلْمِ يَقُوْلُوْنَ اٰمَنَّا بِهٖ كُلٌّ مِّنْ عِنْدِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ اِلَّآ اُولُوا الْاَلْبَابِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇ (ئاللاھ) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر. يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران 7-ئايەت)

5. كائىناتقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشتا دەلىللەنگەن ئىلىم-پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك. ئەمما، ئايەتلەرگە ئۆزىدە بولمىغان مەنىلەرنى چاپلاشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىلىم-پەن نەزەرىيىلىرىنى زورلاپ قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىگە كىرگۈزۈۋالماسلىق لازىم.

6. ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ مەنىلىرىنى پاك شەرىئەت ھەقىقەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ۋە ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە چۈشمەيدىغان خاتا شەرھى ۋە ناتوغرا ئىزاھلاشتىن ساقلىنىش كېرەك، خاتالىق

مەيلى شەرھتە بولمىلاش مەقسەت قىلىنغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولسۇن ياكى ئەرەب تىلىنىڭ ئۇسلۇب ۋە قائىدىلىرىنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان بولسۇن ياكى ئاللاھنىڭ كالامى-شەرىپىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان مەنىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىشتىن كېلىپ چىققان بولسۇن، ھېچبىر خاتا شەرھى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## سەككىزىنچى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى

مۆجىزە دېمەك ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى بىر نەرسە بولۇپ، ئىنسان ئۇنى زاھىرىي سەۋەب-ۋاستىلەر بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىرىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. مۆجىزە دېگەن بۇ ئاتالغۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن دەلىل-پاكىتلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ سۆز «قۇرئان كەرىم»دە ئىشلىتىلمىگەن، ئەمما ئۇنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «دەلىل، ئايەت، ئالامەت، بەلگە» دېگەندەك باشقا سۆزلەر ئىشلىتىلگەن.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ كالامى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ مەنىلىرىدە يۈكسەك كامالەت نامايان بولۇپ تۇرىدۇ، ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەن ئۇسلۇب ۋە ئىبارىلەردە ئۆزگىچە جەزبىدارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئىنسان ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ الٓرۚ كِتَٰبٌ أُحۡكِمَتۡ ءَايَٰتُهُۥ ثُمَّ فُصِّلَتۡ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ خَبِيرٍ ﴾ ﴿ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئايەتلىرى (ھەر تەرەپتىن) پۇختا بېكىتىلگەن، ئاندىن (ئەقىدە، ئەھكام ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر.﴾ (سۈرە ھۇد 1-ئايەت)

مۇشرىكلار ھەر خىل شۇبھە ۋە ئىغۋالارنى تارقىتىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكىگە قارىتا شەك پەيدا قىلماقچى ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسماقچى بولغان ئىدى[1]، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئەگەر ئۇلار سۆزلىرىدە راستچىل بولسا، مۇشۇ «قۇرئان»غا ئوخشاش يەنە بىر قۇرئان ياكى ئۇنىڭ ئون سۈرىسى ياكى بىر سۈرىسىگە

[1] سۈرە ئەنئام 7-، 25-ئايەت، سۈرە ئەنبىيا 5-ئايەت، سۈرە سەبا 43-ئايەت، ياسىن 69-ئايەت، ساففات 36-ئايەت، سۈرە ساد 4-ئايەت، سۈرە تۇر 30-ئايەتلەرگە قارالسۇن.

ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە كەلتۈرۈپ باقسۇن! دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى[1]. ئۇلار بىرنىمۇ كەلتۈرەلمىدى، گەرچە «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر كالامنى كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ اَمْ يَقُوْلُوْنَ افْتَرٰىهُ قُلْ فَأْتُوْا بِسُوْرَةٍ مِّثْلِهٖ وَادْعُوْا مَنِ اسْتَطَعْتُمْ مِّنْ دُوْنِ اللّٰهِ اِنْ كُنْتُمْ صٰدِقِيْنَ ﴾ ﴿ئۇلار: ‹قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان› دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار›.﴾ (سۈرە يۇنۇس 38-ئايەت)

«قۇرئان كەرىم» ناھايىتى ئۇچۇق ئىبارىلەر بىلەن ئېلان قىلدىكى، بارلىق ئىنسانلار ھەتتا جىنلار بىر-بىرىگە ھەمكارلىشىپمۇ، بۇ «قۇرئان»غا ئوخشاش كالامنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قُلْ لَّئِنِ اجْتَمَعَتِ الْاِنْسُ وَالْجِنُّ عَلٰٓى اَنْ يَّأْتُوْا بِمِثْلِ هٰذَا الْقُرْاٰنِ لَا يَأْتُوْنَ بِمِثْلِهٖ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيْرًا﴾ ﴿ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلاشقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ›.﴾ (سۈرە ئىسرا 88-ئايەت)

«قۇرئان كەرىم» ھېچبىر مەخلۇقنىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدىغان، بۈيۈك ئاللاھنىڭ كالامى بولغانلىقتىن كاتتا مۆجىزىدۇر. ئايەتلىرىنىڭ ئىخچاملىقى، تىل ئۇسلۇبى، بەدىئىيلىكى، پاساھەت ۋە ئېستېتىكىلىق گۈزەللىكى جەھەتتىنمۇ مۆجىزىدۇر. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم» بايان قىلغان ۋەقەلەرنىڭ راستلىقى، ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملارنىڭ توغرىلىقى، دىللارنى مايىل قىلىدىغان جەزىبدارلىقى، ئىنسانلارنىڭ پسىخولوگىيىسى ۋە روھىي ھالىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، ئۇنىڭدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىلىم-پەنگە ئائىت ھەقىقەتلەر جەھەتتىنمۇ مۆجىزىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» بايان قىلغان تىبابەت، كائىنات، ئاسترونومىيە ۋە ئىلىم-پەنگە ئائىت ھەقىقەتلەرنىڭ شۇ قەدەر ئىنچىكە ۋە توغرىلىقىنى كۆرگەن كۆپلىگەن دوختۇرلار، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى

[1] سۈرە بەقەرە 23-ئايەت، يۇنۇس 38-ئايەت، سۈرە ھۇد 13-ئايەت، سۈرە تۇر 34-ئايەتلەرگە قارالسۇن.

هالاك-تالاك قالدى. چۈنكى، بۇ قەدەر ئىنچىكە ئىلمىي ھەقىقەتلەر، دۇنيا ئىلىم-پەندىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بىر دەۋردە، جاھالەتتە قالغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن ساۋاتسىز بىر پەيغەمبەرنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىختىيارسىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسان ئىجاد قىلغان كىتاب ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن پۈتۈن كائىنات ۋە مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ بىر ۋە بارلىقىغا، ئۇنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر بىلەن تولغاندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ سَنُرِيهِمْ ءَايَٰتِنَا فِى ٱلْءَافَاقِ وَفِىٓ أَنفُسِهِمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ ﴾ ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئۇپۇقتىكى (يەنى ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى) ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز، رەببىڭنىڭ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (ھەممىدە قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغانلىقى سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا ئۇلارغا) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟﴾ (سۈرە فۇسسىلەت 53-ئايەت)

## توققۇزىنچى: «قۇرئان كەرىم» مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسى

ھەر قانداق بىر ئەسەرنى بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا ئاغدۇرۇش تەرجىمە دەپ ئاتىلىدۇ[1]. ھەر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە قائىدىلىرى بولغاچقا، تەرجىمان تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بىر ئەسەرنى بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا تەرجىمە قىلغاندا ئۇ تىلنىڭ ئۇسلۇبىدا كۆزلەنگەن مەقسەتنى ئەينەن ئىپادىلەش ئۇنچە ئاسان ئەمەس[2]. ئىنساننىڭ ئاددىي سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىش قىيىن بولغان يەردە، نازۇكلۇقى ۋە مۇكەممەللىكىدە تەڭداشسىز «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشتىكى قىيىنچىلىق تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل

---

[1] «لىسانۇ ئەرەب» ئىبنى مەنزۇر (ترجم و رجم) ماددىسىغا قارالسۇن.

[2] «دەلالەتۇلئەلفاز» ئىبراھىم ئەنىس، 171 –، 175-بەت، «فەننۇتتەرجەمە» مۇھەممەد ئىۋەد مۇھەممەد 19-بەت.

قىلىنغان ئاللاھنىڭ كالامى، سۆز ۋە مەنىلىرى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ۋەھىيدۇر. ھېچكىم قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى مۇكەممەل بىلىپ بولالمايدۇ، ئۇنىڭ ئىبارىلىرىنى ئەرەب تىلىدىكىگە ئوخشاش شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشتا شۇ قەدەر قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەۋىتىنى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە يەتكۈزۈش ئىسلام ئۈممىتىگە پەرزدۇر. ئۇ مىللەتلەر مەيلى قايسى تىلدا سۆزلىسۇن، «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلماستىن ئۇلارغا يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس[1].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمىسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. پەقەت ئايەتلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى تەرجىمىسى بولىدۇ. ئۇنىڭدا تەرجىمان ئايەتلەرنى تەپسىر قىلماستىن، سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىپ، سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلاش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن بولىدۇ.

2. ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنىڭ تەرجىمىسى بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھەر خىل مىساللار، قوشۇمچە شەرھى ۋە ئىزاھلار بولىدۇ. بۇ ئەرەب تىلىدىن باشقا ھەر قانداق بىر تىلدىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى ھېسابلىنىدۇ[2].

ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلە شۇكى، قۇرئان كەرىمنىڭ مەنەن تەرجىمىسى يەنە بىر تىلغا ھەر قانچە ئىنچىكە ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ھەتتا تەرجىمان ئىككى تىلدا كامالەتكە يەتكەن، ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» دەپ ئاتالمايدۇ. بۇنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار[3]:

بىرىنچى سەۋەبى: «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلگەن، پاساھەت ۋە بەدىئىيلىكتە يۈكسەك بولغان ئاللاھنىڭ كالامى بولغاچقا، ئەرەب تىلىدىن باشقا بىر تىلغا ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نامى

---

[1] «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» ئىبنى تەيمىييە 4-توم، 116-بەت.

[2] «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» ئىبنى تەيمىييە 4-توم، 115-، 842-بەت، «تەپسىر ۋە مۇپەسسىرلەر» مۇھەممەد ھۈسەين ئەلزەھەبىي 1-توم، 23-بەت.

[3] «ئەلمەجمۇئ شەرھى ئەلمۇھەززەب» ئىمام نەۋەۋي 3-توم، 342-بەت.

«قۇرئان كەرىم» دەپ ئاتالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن نامازدا ئايەتنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇش جايىز بولمايدۇ.

ئىككىنچى سەۋەبى: تەرجىمە بولسا تەرجىمان «قۇرئان كەرىم» مەنىلىرىدىن چۈشەنگەنلىرىنى ئۆز ئىپادىسى بىلەن ئىزھار قىلغان سۆزلەردىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تەرجىمىمۇ تەپسىرگە ئوخشاش بولىدۇ. تەپسىر «قۇرئان كەرىم» دەپ ئاتالمىغاندەك، تەرجىمىمۇ «قۇرئان كەرىم» دەپ ئاتالمايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدىكى تەرجىملەر «قۇرئان كەرىم» مەنىلىرى ۋە تەپسىرىنىڭ تەرجىمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

## تەرجىمىنىڭ قوبۇل قىلىنىش شەرتلىرى

«قۇرئان كەرىم» مەنىلىرىگە بېرىلگەن تەرجىمىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن، ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن بەلگىلىگەن تەرجىمان ۋە تەرجىمىدە بولۇشقا تېگىشلىك شەرت ۋە قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى زۆرۈردۇر. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلغۇچى بىر قىسىم يامان غەرەزلىك شەرقشۇناسلار ياكى نامىدا ئىسلامغا مەنسۇپ تەرجىمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلغىنىدەك، بۇرمىلانغان مەنىلەرنى نەشر قىلىش مەقسىتىدە بولماسلىقى ۋە تەرجىمىگە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىلىرىنى كەمسىتىدىغان پىكىرلەرنى قوشۇپ قويماسلىقى لازىمدۇر. ئۇنداق يامان غەرەزلىك تەرجىمانلارنىڭ بۇزۇق ئىدىيەلىرى دىنىنىڭ ئۇلىغا پالتا چاپىدۇ، توغرا ئەقىدە ۋە روشەن شەرىئەتنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى «پادىشاھ فەھد ‹قۇرئان كەرىم›نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى» مەزكۇر شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەۋىتىنى بارلىق مىللەتلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا توغرا شەكىلدە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئىشەنچلىك ۋە ئۆلچەملىك تەرجىملەرنى نەشر قىلىش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغان.

بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، تابىئىنلەرگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتكە قەدەر ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن.

# «ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى» ھەققىدە

## ئاپتوردىن

ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت ۋە سالام يوللايمىز.

«قۇرئان كەرىم» ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرنى كۆپ ئايەتلەردە زىكىر قىلىدۇ، ئەمما تارىخىي ۋەقە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىبرەت سۈپىتىدە زىكىر قىلىدۇ. بۇ تەپسىردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزكۇر ئۇسلۇبى نەزەردە تۇتۇلغان ئاساستا، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ ھالاك بولىشىغا سەۋەب بولغان ئىستىل ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى بۇزۇلۇش ھازىرقى مۇسۇلمان ئاۋامدىكى ئىستىل ۋە ئەخلاقنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سېلىشتۇرۇلۇپ بايان قىلىندى. شۇنىڭدەك يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىكى پوپ ۋە راھىبلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقىشىغا سەۋەب بولغان قىلمىشلىرى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىر قىسىم ئۆلىمالىرىدا كۆرۈلگەن خاتالىقلارغا سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق بايان قىلىندى، بۇنىڭدىن مەقسەت مۇسۇلمان ئاۋام ۋە ئۆلىمالار ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ يوللىرىغا ئەگەشكەنلىكى سەۋەبتىن دۇچار بولغان خارلىق ۋە زالالەتتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشسۇن ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر شەخس ياكى مىللەتنى پەقەت شۇ شەخس ياكى مىللەتنىڭ ئەمەللىرى ۋە ئەخلاقىغا ئاساسەن ياخشى كۆرىدۇ ياكى يامان كۆرىدۇ. ئەگەر بىر شەخس ياكى بىر مىللەت ياخشى ئەمەل قىلسا ۋە ئىمان تەقەززا قىلغان ئىشلارنى توغرا رەۋىشتە ئادا قىلسا، ئاللاھ تائالا شۇ شەخسنى ۋە مىللەتنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەمدە ئۇلارغا مەدەتكار بولىدۇ. ئەكسىچە ئىماندىن يىراقلاشقان ۋە ئىمان تەقەززا قىلغان ئىشلارنى ئادا قىلمىغان شەخس ياكى مىللەتنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرمەيدۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ قىسمىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىق ۋە زالالەت بولىدۇ.

ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك بولغان ئىدى. ئەگەر ئىسلام ئۇممىتى

ئۇلاردەك ئىنكار يولىنى تاللىسا، نىجاتلىققا ئېرىشىشى ۋە ئۇستۇنلۇك قازىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولى ۋە قانۇنىيىتىگە خىلاپتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، ئاللاھنىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن» (سۈرە ئەھزاب 62-ئايەت) شۇ ۋەجىدىن ئىسلام ئۈممىتى ئەگەر راستتىنلا خارلىق ۋە زالالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئىززەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشمەكچى بولسا، ھەركىم «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇغاندا ئۆزىنىڭ ئىستىلىنى ۋە ئەخلاقىنى تەكشۈرۈشى، ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەر دۇچار بولغان خارلىقتىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىشى، ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ھالاك بولىشىغا سەۋەبكار بولغان شېرىك ۋە بىدئەتلەردىن ساقلىنىشى لازىم.

بۇ تەپسىر ھەقتىن يىراقلاشقان كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئەينەكتۇر. كىمكى بۇ ئەينەكتە ئۆزىنىڭ ئىستىل ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى ئىللەتلىرىنى-ئەگەر ئېنىق كۆرمەكچى بولسا-چوقۇم كۆرەلەيدۇ. بۇ ئەينەكتە ئۆزىنىڭ بۇزۇلغان سۈرىتىنى كۆرگەن ئادەم ئەينەكنى ئەيىبلىمىسۇن، پەرىشان بولۇپ، بىئارامىمۇ بولمىسۇن، يەنە ئەينەكتىنمۇ خاپا بولمىسۇن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىستىلى، ئەخلاقى ۋە مۇئامىلە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلسۇن، ئوبرازىنى تۈزىسۇن، يامان ئادەتلىرىنى دۈرۈسلىسۇن!

بۇ تەپسىردە ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنى سېلىشتۇرۇشتىن مەقسەت ھەرگىزمۇ ئۇلارنى ئەيىبلەش، تەنە قىلىش، ھاقارەتلەش ۋە كەمسىتىش ئەمەس، مەقسەت پەقەت ئىسلاھ قىلىشتۇر، يەنى ئەمەللەرنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرگە ئېتىقاتتىكى خاتالىقلارنى ئىسلاھ قىلىش، قەلبنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرگە زاھىرنىمۇ ئىسلاھ قىلىش، دىننى ھەم دۇنيانى ئىسلاھ قىلىش مەقسەتتۇر. بۇ كۆزلەنگەن ئىسلاھ – مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئەبەدىي ھەقىقەتلىرىگە چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتمىغۇچە، ئېتىقاد ۋە ئەمەلنىڭ ئاساسىنى ئۇنىڭ تەلىماتىغا توغرىلىمىغۇچە – مۇمكىن بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ كىتاب ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۇستۇنلۇك ئاتا قىلىدۇ، (يەنى دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ)، يەنە ئۇنىڭ بىلەن باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنى تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرىدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم 1897-ھەدىس)

دېمەك قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتىغا ئەمەل قىلىشنىڭ مۇكاپاتى

ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش بولسا؛ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ۋە غەپلەتتە يۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتى خارلىق ۋە زەبۇنلۇقتۇر.

شەرق شائىرى ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال ئۆزىنىڭ پارىسچە يازغان شېئىرىدە مۇنداق دېگەن:

كر تو مي خواهي مسلمان زيستن نيست ممكن جز به قرآن زيستن

مەنىسى: ئەگەر سەن مۇسۇلماندەك ياشىماقچى بولساڭ، قۇرئاننىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلماي مۇمكىن ئەمەس.

ئى ئاللاھ، بۇ تەپسىردىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتكۈزگىن، ئۇنى ئېتىقاد ۋە ئەمەللەردىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە ۋاستە قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئۇممىتى سېنىڭ خاس پەزلى-كەرىمىڭگە لايىق بولسۇن. ئامىن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

قولىڭىزدىكى بۇ مۇختەسەر «ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى» تۇنجى قېتىم 1995-يىلى نەشر قىلىندى. تەپسىردە بەت سىغمىنىڭ چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھەممە ئايەتلەر تەپسىلىي ئىزاھلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما چۈشۈنۈش قىيىن بولغان ھەربىر ئايەت ئىخچام ۋە ئەتراپلىق شەكىلدە ئىزاھلاندى. شۇنداقتىمۇ بەزى شەرھلەر قىسقا بولغانلىقتىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەشنالىقىنى تولۇق قاندۇرالمىغۇدەك بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى پېقىر تۈزگۈچىنىڭ ئىلمىي ئاجىزلىقى ھەم بەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بولغان. يەنە تەپسىرنىڭ ئىخچام بولىشى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## تەپسىرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:

- بۇ تەپسىردە زەئىپ ھەدىسلەر ۋە بەنى ئىسرائىلغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسسىز قىسسەلەر كەلتۈرۈلمىدى.
- ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرى ۋە سۈرىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەھىھ بولغانلىرى ناھايىتى ئاز، شۇ ۋەجىدىن يەنە بەتكە سىغمىغانلىقتىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە سەھىھ بولغان ھەدىسلەردىن تاللاپ ئېلىندى.
- تەپسىرنى ئىخچام ۋە قىسقا قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي تەتقىقات ۋە مەزمۇنى ئۇزۇن تېمىلار كىرگۈزۈلمىدى، چۈنكى ئۇنداق تېمىلار

تەپسىلىي يېزىلغان چوڭ تەپسىرلەردە بايان قىلىنىدۇ.

- ئىخچام شەرھلەنگەن تېمىلارنى تەپسىلىي بىلمەكچى بولغانلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، شەرھنىڭ ئاخىرىدا مەنبە ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەدىس كىتاپلىرىنىڭ نامى ئەسكەرتىلدى.
- تەپسىر قىلىشتا ئاساسەن «ئىمام ئىبنى جەرىرنىڭ ‹تەپسىر تەبەرى›»، «ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ ‹تەپسىر ئىبنى كەسىر›»، «ئىمام شەۋكانىينىڭ ‹فەتھۇلقەدىر›»، «ئەبۇ بەكرى جازائىرىينىڭ ‹ئەيسەر تەپاسىر›» قاتارلىق نوپۇزلۇق تەپسىرلەردىن نەقىل ئېلىندى. باشقا تەپسىرلەردىن كۆپ ئېلىنمىدى.

ئىزاھلاش ۋە شەرھلەشتە ئىلمىي مىراسلارغا ئاساسلانغان تەپسىرلەر يەنى ساھابە كىرام ۋە تابىئىنلەرنىڭ تەپسىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇسۇل- پرىنسىپلىرى نەزەردە تۇتۇلدى. بۇ ئېتىبار بىلەن مەزكۇر تەپسىرنى ئىلگىرىكى سەلەفلەر تەپسىرلىرىنىڭ (ئىلمىي مىراسلارغا ئاساسلانغان تەپسىرلەرنىڭ) خۇلاسىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇسۇل-پرىنسىپلىرىنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ يېزىلغان تەپسىردۇر.

- ئايەت تەرجىمىسى ۋە تەپسىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى قۇرئاندا ئاتىغان «الله» دېگەن نامدىن باشقا بىر نامدا ئاتىماسلىق ئۈچۈن، ئاتەشپەرەسلەر ئىشلىتىدىغان پارىسچە «خۇدا» دېگەن نام ئىشلىتىلمىدى.

ئاخىرىدا مۆھتەرەم ئۆلىمالار ۋە ئەھلى ئىلىم كىشىلەردىن تەپسىردە بايقىغان تىل ۋە باياندىكى خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنى كېلەر قېتىم تۈزىتىپ نەشر قىلىش ئۈچۈن نەشرىياتقا ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

ئاللاھ تائالادىن بۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلىشنى، كىشىلەرگە پايدىلىق قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيمەن.

ھاپىز سالاھۇددىن يۇسۇف

لاھور-پاكىستان

مىلادىيە 2008-يىلى ئاۋغۇست

ھىجرىيە 1429-يىلى شەئبان

(بۇ مۇقەددىمە پاكىستاندا بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى)

# تەپسىرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە

## تەرجىماندىن

ئىنسانلارنى يوقتىن بار قىلغان، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كىتابلارنى نازىل قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈرلەر بولسۇن. قۇرئان كەرىمنى ئۆزىنىڭ ھاياتىغا تەتبىقلاپ چۈشەندۈرگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن.

«ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى» سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسەن شەرھلەنگەن ئوردۇچە تەپسىر بولۇپ، دەسلەپتە «دارۇسسالام» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995-يىلى پاكىستاندا نەشر قىلىنىپ، بىر قانچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. 1996-يىلدىن باشلاپ مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى «پادىشاھ فەھد ‹قۇرئان كەرىم›نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى» تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم مەنىلىرىنىڭ ئوردۇچە تەرجىمە ۋە تەپسىرى» دېگەن نام بىلەن بىر قانچە قېتىم نەشر قىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىلغان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھەر قايسى مەسجىدلەرگە قويۇلغان.

ئاپتور ھاپىز سالاھۇددىن يۇسۇف بۇ تەپسىرنى تۈزۈشتە ئىلگىرىكى «التَّفْسِيْرُ بِالْمَأْثُوْرِ» ئىلمىي مىراسلارغا ئاساسلانغان نوپۇزلۇق تەپسىرلەردىن ئىخچاملاپ ئوردۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىنى «ھىندىستان خاتىپى» دەپ ئاتالغان مەۋلانا مۇھەممەد جوناگىرىنىڭ قۇرئان كەرىم ئوردۇچە تەرجىمىسىدىن ئالغان. تەپسىر پۈتكەندىن كېيىن ئۇنى مەشھۇر تەتقىقاتچى ئۆلىمالاردىن «شېرىن بۇلاق»نىڭ ئاپتورى مەۋلانا سەفىيۇررەھمان مۇبارەكفوري كۆزدىن كەچۈرگەن.

تەپسىردە بىر ئايەتنى ئېمىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەت ۋە ھەدىس شەرىپلەر بىلەن شەرھلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئايەتنى ھەدىس بىلەن

شەرھلىگەندە پەقەت سەھىھ بولغان ھەدىسلەرلا ئېلىنغان. شەرھنىڭ ئاخىرىغا ھەدىسنىڭ مەنبەسى ئەسكەرتىلىپ، ئەسلىي كىتابتىكى نومۇرى بېرىلگەن.

ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدىكى شەرھلەشكە تېگىشلىك سۆز-ئىبارە ۋە جۈملىلەرنىڭلا ئاخىرىغا رەقەم قويۇلۇپ، ئىزاھاتى ئاستىدىكى بۆلۈمدە بېرىلگەن. ئىزاھات بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مەنبەلەر تېكىستنىڭ ئارىسىدا يالاڭ تىرناق ئىچىگە قويۇلغان.

چۈشۈنۈش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئايەتتىكى ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ۋە ئاتالغۇ مەنىلىرى بايان قىلىنغان. زۆرۈر تېپىلغاندا سۆزلەرنىڭ ھەر خىل مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى ۋە شۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق مەنىلىرى ئايرىم ئىزاھلانغان.

سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق ئايەتنىڭ مەنىسىدىكى پەرقلەر بايان قىلىنغان. ئايەتتىن ئېلىنغان ئەرەبچە سۆزنى باشقا ئەرەبچە سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ﴿﴾ قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان، باشقا ئەرەبچە سۆزلەر «» ئىچىگە ئېلىنغان.

شەرھدە ئايەتتىكى خىتابنىڭ كىملەرگە قارىتىلغانلىقى، سۆز ۋە ئىبارىلەردىن نېمە كۆزدە تۇتۇلغانلىقىمۇ ئەسكەرتىلگەن.

مۇپەسسىرلەرنىڭ ھەر خىل قاراشلىرىغا ئاساسەن بىر ئايەتنىڭ بىر قانچە خىل مەنىلىرى بايان قىلىنغان. ھەر بەتتىكى ئايەت، تەرجىمە ۋە ئىزاھاتى شۇ بەتنىڭ ئۆزىگە يىغىنچاقلانغان.

بۇ تەپسىر مەزكۇر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش لايىق كۆرۈلدى ۋە شۇ بويىچە تەرجىمە قىلىندى.

## ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتىكى ئەسكەرتمىلەر

بۇ تەپسىر سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى «پادىشاھ فەھد ‹قۇرئان كەرىم›نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى» تەرىپىدىن تۈزىتىلىپ بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. ھەدىسلەرنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان رەقەملەر پاكىستاندا بېسىلغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئومۇمەن مەرھۇم مۇھەممەد سالىھ داموللامىنىڭ «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»دىن، يەنە بىر قىسمى ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇفنىڭ «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»دىن

ئېلىنىدى، ئاز بىر قىسمى «ھەيئەت تەرجىمىسى»دىن ئېلىنىدى. بىر قىسىم ئايەتلەر ئوردۇچە قۇرئان كەرىم تەرجىمىسى ۋە ئەرەبچە تەپسىرلەردىكى شەرھى بويىچە تەرجىمە قىلىنىدى. بىر قىسىم جايلاردا ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئارىسىدىكى تىرناق شەرھلەر، ئاستىدىكى تەپسىردىمۇ تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئېلىۋېتىلدى. كۆپ ھاللاردا تىرناق ئىچىدىكى شەرھى ئۆز پېتى قالدۇرۇلدى، بەزى جايلىرى ئىسلاھ قىلىنىدى، بەزى تىرناق ئىچى شەرھلەر ئوردۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىدى.

ئاپتورنىڭ «تەپسىر ئىبنى كەسىر»دىن قىسقارتىپ نەقىل ئالغان شەرھلىرى ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئېلىنىپ ئۆزلەشتۇرۇلدى. تەپسىردىكى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن ئاز بىر قىسىم ئىزاھلار قىسقارتىلدى. ئاپتورنىڭ تەپسىرگە كىرگۈزگەن بىر قىسىم شەخسىي كۆز قاراشلىرىمۇ ئېلىۋېتىلدى. شۇنداقلا فىقھىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىختىلاپلىق ئىزاھلارمۇ قىسقارتىلدى.

ھەر بەتتىكى ئايەت، تەرجىمە ۋە ئىزاھات شۇ بەتنىڭ ئۆزىگە سىغمىغانلىقى ئۈچۈن ئىككىنچى بەتكە قويۇلدى.

ئاللاھنىڭ كالامى ھەر قانداق كەمچىلىك ۋە نۇقساندىن پاكتۇر. تەرجىمىدە نۇقسان ۋە خاتالىق كۆرۈلسە، بۇ كەمىنە تەرجىماننىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان بولىدۇ، بۇنىڭدا ئەسلا قەستەنلىك يوقتۇر.

شۇڭا ئوقۇرمەنلەردىن تەرجىمىدىكى ئېپادىلەش ۋە بايان قىلىشتا كۆرۈلگەن خاتالىق ۋە نۇقسانلارنى تۈزىتىپ ئوقۇشىنى، كېلەر قېتىمقى نەشىردە تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن، بايقىغان نۇقسانلارنى نەشرىياتقا ئەۋەتىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

تەپسىرنى تەرجىمە قىلىشقا ياردەمدە بولغان، تەھرىرلىگەن، پىكىر- تەكلىپ بەرگەن، ئوقۇغان ۋە نەشر قىلدۇرغانلارغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.

مۇھەممەد سادىق ئىسمائىل كاشغەرى

مەككە مۇكەررەمە-سەئۇدىي ئەرەبىستان
مىلادىيە 2024-يىلى يانۋار
ھىجرىيە 1445-يىلى رەجەب

# سۈرە فاتىھە

| | |
|---|---|
| (١) سورة الفاتحة مكية ٧ آية | (1) سۈرە فاتىھە① مەككىدە② چۈشكەن 7 ئايەت |

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ١

***ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن③ (باشلايمەن)④ [1].***

① سۈرە فاتىھە قۇرئان كەرىمدىكى بىرىنچى سۈرە بولۇپ، ھەدىسلەردە بۇ سۈرىنىڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان. "فَاتِحَةٌ" دېگەن سۆز «باشلىنىش» دېگەن مەنىدە بولغاچقا، بۇ سۈرە "فَاتِحَةُ الْكِتَابِ" «قۇرئان كەرىم باشلىنىدىغان سۈرە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەدىسلەردە بايان قىلىنغىنىدەك، بۇ سۈرىنىڭ يەنە «قۇرئاننىڭ جەۋھىرى»، «نامازدا دائىم تەكرارلىنىدىغان يەتتە ئايەت»، «كاتتا قۇرئان»، "رُقْيَةٌ" «كېسەللەرگە ئوقۇپ دەم سېلىنىدىغان دۇئا»، «شىفا سۈرىسى» قاتارلىق ئىسىملىرىمۇ بار. (سەھىھۇل بۇخارى 5736-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2201-ھەدىس، سۇنەنى نەسائى 912-ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 2875-ھەدىس)

ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىسمى " الصَّلَاةُ" «ناماز» دۇر، يەنى نامازدا ئوقۇلىدىغان سۈرە، ناماز سۈرىسى دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە بىر ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «مەن نامازنى (يەنى سۈرە فاتىھەنى) ئۆزۈم بىلەن بەندەمنىڭ ئارىلىقىدا ئىككىگە بۆلدۈم.» (سەھىھ مۇسلىم 395-ھەدىس) بۇ يەردىكى «ناماز» دېگەن سۆزدىن سۈرە فاتىھە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ يېرىمى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمدىللىكى، پەرۋىش قىلغۇچى، كائىناتنى ئىدارە قىلغۇچى،

قىيامەتنىڭ كۈنىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. يەنە يېرىمى دۇئا ۋە مۇناجات بولۇپ، بەندە ئۇنى ئوقۇپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ. مەزكۇر ھەدىستە سۈرە فاتىھە «ناماز» دەپ ئىپادىلەنگەن. يەنە تۆۋەندىكى ھەدىستىن ئۇنى نامازدا ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ناماز ئوقۇپ، نامازدا قۇرئاننىڭ ئانىسىنى (جەۋھىرىنى يەنى سۈرە فاتىھەنى) ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز تولۇق ناماز ئەمەس». (سەھىھۇل بۇخارى 756-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 34-ھەدىس) بۇ ھەدىستىكى «كىمكى» دېگەن كەلىمە ئومۇمىي مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ھەربىر ناماز ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى ئۇ يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى بولسۇن ياكى ئىمام بولسۇن، ئۈنسىز ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن ياكى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان ناماز بولسۇن، پەرز ناماز بولسۇن ياكى نەپلە ناماز بولسۇن، ھەر نامازدا سۈرە فاتىھە ئوقۇش زۆرۈردۇر.

② بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. ھىجرەتتىن (پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى 13 يىللىرىدىن (بۇرۇن مەككىدە ۋە مەككە ئەتراپىدا چۈشكەن سۈرىلەر «مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنە ۋە مەدىنە ئەتراپىدا چۈشكەن سۈرىلەر «مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەتتا ھىجرەتتىن كېيىن مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۈشكەن سۈرىلەرمۇ «مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر» قاتارىغا كىرىدۇ.

③ " بِسْمِ الله" ھەققىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئۆلىمالار " بِسْمِ الله" ھەربىر سۈرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ئايەتمۇ ياكى ھەربىر سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىمۇ ياكى پەقەت سۈرە فاتىھەنىڭ بىر ئايىتىمۇ ۋەياكى ھېچ بىر سۈرىنىڭ مۇستەقىل بىر ئايىتى ئەمەس، پەقەت بىر سۈرىنى يەنە بىر سۈرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر سۈرىنىڭ بېشىدا يېزىلىدىغان ئايەتمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە بىرلىككە كېلەلمىگەن.

مەككە ۋە كۇفە قارىيلىرى ئۇنى سۈرە فاتىھە ۋە ھەربىر سۈرىنىڭ ئايىتى، دەپ بەلگىلىگەن. ئەمما مەدىنە، شام، بەسرە قارىيلىرى ئۇنى ھېچ بىر سۈرىنىڭ ئايىتى ئەمەس، دەپ بەلگىلىگەن. لېكىن سۈرە نەملنىڭ 30-ئايىتىدە كەلگەن " بِسْمِ الله"نىڭ ئۇ سۈرىنىڭ بىر ئايىتى ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەممىسى ئورتاق قاراشقا ئىگە.

“ بِسْمِ الله” نى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئۈنلۈك ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىق ھەققىدىمۇ ئىختىلاپ بولۇپ، بەزىلەر ئۈنلۈك ئوقۇشنى ئەۋزەل دەپ قارىسا، بەزىلەر ئۈنسىز ئوقۇشنى ئەۋزەل دەپ قارايدۇ. (فەتھۇلقەدىر) كۆپىنچە ئۆلىمالار ئۈنسىز ئوقۇشنى توغرا دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈنلۈك ئوقۇشمۇ جايىزدۇر.

④ “ بِسْمِ الله”نىڭ بېشىدا «ئوقۇيمەن، باشلايمەن ياكى تىلاۋەت قىلىمەن» دېگەن ئىبارە بولۇپ، جۈملىدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن. يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇيمەن، باشلايمەن ياكى تىلاۋەت قىلىمەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك شەرىئەتتە ھەر قانداق ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى “ بِسْمِ الله” دېيىش تەكتىلەنگەندۇر. مەسىلەن: تاماق يېيىشتىن، مال بوغۇزلاشتىن، تاھارەت ئېلىش ۋە جىما قىلىشتىن بۇرۇن “ بِسْمِ الله” دېيىش بۇيرۇلغان. قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىدىغان چاغدا “ بِسْمِ الله” دېيىشتىن ئىلگىرى «أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ «نى ئوقۇش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن﴾. (سۈرە نەھل 98-ئايەت)

ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٣﴾ مَٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٤﴾

***جىمى ھەمدۇسانا① ئالەملەرنىڭ رەببى② ئاللاھقا خاستۇر [2]. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر③ [3]. ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر④ [4].***

① ﴿ اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ﴾ دىكى «ال «ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تۈرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن دەپ ئالغاندا، «بارلىق ماختاش ۋە مەدھىيەلەر ئاللاھ تائالا ئۈچۈندۇر» دېگەن بولىدۇ، ئەگەر خاسلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن دەپ ئالغاندا، «بارلىق ماختاش ۋە مەدھىيەلەر ئاللاھقىلا خاستۇر» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ھەقىقەتتە مەدھىيەگە ئەڭ لايىق زات پەقەت ئاللاھ تائالادۇر، ئىنسانلاردىن كىمدە قانداق بىر ياخشى سۈپەت، خىسلەت ۋە

كامالـەت كۆرۈلسـە، ئۇنـى ياراتقۇچـى ھـەم ئالـلاھ تائـالادۇر. شـۇنـىڭ ئۈچـۈن مەدھىيەگە لايىق بولغۇچىمۇ ئاللاھ تائالادۇر.

« الله» دېگـەن ئالـلاھ تائالانـىڭ خـاس ئىـسمى بولـۇپ، ئۇنـى ئاللاھتىـن باشـقا ھەرقانـداق نەرسـىنى ياكـى شەخسـنى ئـۇ ئىـسـىم بىلـەن ئاتـاش توغـرا ئەمـەس. ﴿ اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ ﴾ شـۈكۈر كەلىمىسـى بولـۇپ، ئۇنـىڭ پەزىلىتـى ھەققـىدە كـۆپ ھەدىسـلەر بـار. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «ئـەڭ كاتتـا زىكـىر ‹لَا إِلٰهَ إِلَّا الله› دېگـەن سـۆزدۇر. ئـەڭ ياخشـى دۇئـا ” اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ“ «يەنـى ئاللاھقـا گـۈزەل مەدھىيەلـەر بولسـۇن دېيىشـتۇر.» (سۈنەنى تىرمىزى 3383 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 223 ـ ھەدىس) سەھىھ مۇسلىم ۋە سۈنەنى نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» «مىزاننى توشقۇزىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە «ئاللاھ بەندىنىڭ ھەر قېتىم يېگەن ۋە ئىچكەن ۋاقتىدا ئۆزىگە ھەمدە ئېيتىشىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېيىلگەن. (سەھىھ مۇسلىم 2734 ـ ھەدىس)

② ﴿رَبِّ﴾ ئالـلاھ تائالانـىڭ گـۈزەل ئىـسىم ـ سـۈپەتلىرىدىن بـىرى بولـۇپ، ھـەر نەرسـىنى يارىتىـپ، ئۇنـىڭ ئېھتىياجلىرىنـى تولۇقـلاپ بەرگۈچـى، مۇكەممـەل پەرۋىـش قىلغۇچـى دېگـەن مەنىنـى بىلدۈرىـدۇ. ﴿رَبِّ﴾ دېگـەن سـۆزنىڭ كەينـى قوشـۇلغۇچىسىز ئاللاھتىـن باشـقا ھـەر قانداق شـەخس ۋە شـەيئى ئۈچـۈن ئىشلىتىلىشـى توغـرا بولمايـدۇ. ﴿ العَالَمِينَ ﴾ ئالەمنىـڭ كۆپلـۈك شـەكلىدۇر. ئادەتتـە بارلىـق مەخلۇقاتـلار توپـى ئالـەم دەپ ئاتىلىـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئـۇ كۆپلـۈك شـەكلىدە كەلمەيـدۇ. لېكىـن بـۇ يـەردە ئاللاھنـىڭ پەرۋەردىگارلىـق سـۈپىتىنىڭ مۇكەممـەل ئۇلـۇغ بىـر سـۈپەت ئىكەنلىكىنـى ئىپادىلـەش ئۈچـۈن كۆپلـۈك شـەكلى ئىشـلىتىلگەن. ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا: ئالەملـەر دېگـەن جىنـلار ئالەمـى ۋە ئىنسـانلار ئالەمىنـى كۆرسـىتىدۇ، دەيـدۇ. ئىمـام ئەلفـەرا ۋە ئۇبەيـدە مۇنـداق دەيـدۇ: ئەقىـل ئىگىسـى بولغـان تـۆت خىـل مەخلۇقـات ئالەملـەر جۈملىسـىگە كىرىـدۇ، مەسـىلەن: جىنـلار بىـر ئالـەم، ئىنسـانلار بىـر ئالـەم، پەرىشـتىلەر بىـر ئالـەم ۋە شـەيتانلار بىـر ئالەمـدۇر. (فەتھۇلقەدىـر) بـۇ ئالەملـەر ۋە ئۇلاردىكـى بارلىـق مەخلۇقاتنىڭ ئېھتىياجـى بىـر ـ بىرىگـە قەتئىـي ئوخشـىمايدۇ. شـۇنداقتىمۇ، ئالەملەرنـىڭ رەببـى ئالـلاھ ئۇلارنـىڭ ئەھۋالـى، شـارائىتى، تەبىئىتـى ۋە جىسـمىغا قارىتـا ھەر بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇقلاپ بەرگۈچىدۇر.

③ ﴿ الرَّحْمٰنِ ﴾ «فَعْلَان» ۋەزنـىدە، ﴿ الرَّحِيمِ ﴾ « فَعِيلٌ» ۋەزنـىدە كەلگەن بولـۇپ، ھـەر ئىككىسـى سـۈپەتنىڭ ئاشـۇرما دەرىجىسـىدۇر. بۇنـداق سـۈپەتلەر بىـر

ئىشىنىڭ كۆپ قېتىم ۋە ئىزچىل داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ناھايىتى كۆپ رەھىم قىلغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ بۇ سۈپىتى باشقا سۈپەتلىرىگە ئوخشاش دائىمىيدۇر. ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ ﴿ الرَّحْمٰنِ﴾ سۈپىتىنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ﴿ الرَّحِيْمِ﴾ سۈپىتىدىكىدىن يۇقىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا " رَحْمٰنَ الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ" «دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھىم قىلغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيادا ئاللاھنىڭ شەپقىتى ئومۇمىي بولۇپ، كاپىر ۋە مۇئمىن ھەممىسى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھىم-شەپقىتى پەقەت مۇئمىنلەرگە خاس بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن﴾. (سۈرە ئەئراف 156-ئايەت) (ئى ئاللاھ، بىزنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن. ئامىن)

④ دۇنيادا ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى مەلۇم مىقداردا بېرىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تولۇق مۇكاپاتى ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان ئەمىلىگە يارىشا مۇكەممەل مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. شۇنىڭدەك دۇنيادا بەزى كىشىلەردە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ھوقۇق ۋە ئىقتىدار بولىدۇ. لېكىن ئاخىرەتتە بارلىق ھوقۇق ۋە ئىقتىدارنىڭ ئىگىسى پەقەتلا ئاللاھ تائالا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ كۈندە: ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟﴾ دەيدۇ. يەنە ئۆزى جاۋاب بېرىپ: ﴿غالىب بىر ئاللاھقا خاستۇر﴾ دەيدۇ. (سۈرە غافىر 16-ئايەت) ﴿ئۇ ھېچقانداق بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدىغان كۈندۇر، ئۇ كۈندە ھۆكۈم قىلىش تامامەن ئاللاھقا خاستۇر﴾. (سۈرە ئىنفىتار 19-ئايەت) بۇ ئىشلار ﴿ يَوْمِ الدِّيْنِ﴾ جازا ۋە مۇكاپات كۈنى بولغان قىيامەت كۈندە يۈز بېرىدۇ.

إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ۝٥

***(ئى رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز①[5].***

① لۇغەتتە ئىبادەتنىڭ مەنىسى، بىراۋنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاجىزلىقنى ۋە بويسۇنغانلىقنى ئىزھار قىلىش دېمەكتۇر. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەتتە ‹ئاللاھنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭدىن ھەقىقىي قورقۇش› ئىبادەت دەپ ئاتىلىدۇ». دېمەك ئىبادەت قىلىش دېگەن ئاللاھنى سۆيۈش، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ زەئىپ، ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىش، سەۋەبكە باغلانغان ۋە باغلانمىغان ھەر قانداق ئىشتا ئۇنىڭ جازاسىدىن قورقۇش، دېمەكتۇر.

بۇ ئايەتنى ئاددىي جۈملە بىلەن بايان قىلغاندا ﴿بىز ساڭا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىن مەدەت تىلەيمىز﴾ دېگەنلىك بولىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە تولدۇرغۇچىنى پېئىلدىن بۇرۇن كەلتۈرۈپ، ﴿بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز﴾ دېدى. بۇ ئارقىلىق خاسلىقنى بايان قىلدى، يەنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلىش جايىز ئەمەس، شۇنىڭدەك ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن مەدەت تىلەشمۇ جايىز ئەمەس. بۇ ئايەتتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ يولى پۈتۈنلەي توسۇلغاندۇر. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم قەلبىگە شېرىك ئورناپ كەتكەن كىشىلەر سەۋەبكە باغلانغان ۋە باغلانمىغان ئىشلارنىڭ پەرقىنى ئايرىماستىن، باشقىلارنى خاتا يولغا باشلايدۇ. ئۇلار: «بىز كېسەل بولۇپ قالساق دوختۇردىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز، ئايالىمىزنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىمىز، شوپۇر ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز، شۇڭا ئاللاھتىن باشقا كىشىلەردىن ياردەم سوراش جايىزدۇر» دەپ دەۋا قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، سەۋەبكە باغلانغان ئىشلاردا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن ياردەم سورىسا ۋە ياردەم بەرسە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولمايدۇ. بەندىلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەم قىلىشى ئاللاھ بەلگىلىگەن نىزامدۇر. بۇ نىزامدا ھەممە ئىش ئوچۇق سەۋەبكە باغلىق بولىدۇ، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنسانلاردىن ياردەم سورىغان.

مەسىلەن: ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ﴿ئاللاھقا (دەۋەت قىلىشتا) كىملەر مېنىڭ ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟﴾ دېدى. (سۈرە سەف 14-ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە مۇنداق دېگەن: ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار﴾. (سۈرە مائىدە 2-ئايەت) دېمەك، ياردەملىشىش چەكلەنگەن ئەمەس، ھەم ئۇ شېرىك ئەمەس، بەلكى تەلەپ

قىلىنغان ياخشى ئەمەلدۇر.

ئۇنداقتا ياردەم تەلەپ قىلىش بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى شېرىكنىڭ قانداق پەرقى بار؟

شېرىك دېگەن ئۇچۇق بىر سەۋەبكە باغلىق بولمىغان ئىشتا ياردەم قىلالمايدىغان كىشىدىن ياردەم سوراشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۆلۈكتىن ياردەم تەلەپ قىلىش، ئۇنى مۈشكۈللەرنى ئاسان، ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدۇ دەپ قاراش، ئۇنى پايدا-زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، يىراق-يېقىندىن ھەربىر كىشىنىڭ نالە-پەريادىنى ئاڭلىيالايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش قاتارلىقلار ئۇنى ئىلاھىي سۈپەتلەرگە ئىگە دەپ قوبۇل قىلغانلىق ۋە سەۋەبكە باغلانمىغان ئىشلاردا ئاللاھنىڭ غەيرىيدىن مەدەت تىلىگەنلىك بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شېرىكتۇر. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلاردا «ئەۋلىيالارنى ياخشى كۆرۈش كېرەك» دەپ ئۆلۈكلەر ۋە قەبرىلەرنى ئۇلۇغلايدىغان ئىشلار مەۋجۇت. (ئاللاھ بىزنى شېرىكتىن ساقلىسۇن)

بۇ يەردە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن تەۋھىدنىڭ ئۈچ قىسمى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ:

1. «تَوْحِيدُ الرُّبُوْبِيَّةِ» «ئاللاھنى رەبلىكىدە بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش. 2. «تَوْحِيدُ الأُلُوْهِيَّةِ» «ئاللاھنى ئىلاھلىقىدا بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش. 3. «تَوْحِيدُ الأَسْمَاءِ وَالصِّفَاتِ» «ئاللاھنى ئىسىم-سۈپەتلىرىدە بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش.

1. «تَوْحِيدُ الرُّبُوْبِيَّةِ» – ئاللاھ تائالانى پۈتۈن كائىناتنى يارىتىش، ئىگىدارچىلىق قىلىش، رىزىق بىلەن تەمىنلەش ۋە كائىناتنى باشقۇرۇشتا يالغۇز دەپ ئېتىقاد قىلىش دېمەكتۇر.

بۇ تەۋھىدكە دىنسىز، زىندىق، كاپىرلاردىن باشقا ھەممە ئىنسانلار ئىشىنىدۇ، ھەتتا مۇشرىكلارمۇ بۇنىڭغا قايىل بولۇپ كەلگەن. قۇرئان كەرىم مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇ تەۋھىدنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ)، زېمىندىن (گىياھ ئۈندۇرۇپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىكنى ئۆلۈكتىن، ئۆلۈكنى تىرىكتىن كىم چىقىرىدۇ؟ (كائىناتنىڭ) ئىشىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (جاۋاب بېرىپ): «ئاللاھ» دەيدۇ﴾. (سۈرە يۇنۇس 31-ئايەت)

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئەگەر ئۇلاردىن: ‹ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟› دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: ‹ئاللاھ ياراتقان› دەيدۇ﴾. (سۈرە زۇمەر 38-ئايەت)

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، ‹زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)›. ئۇلار: ‹ئاللاھنىڭ› دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەند - نەسىھەت ئالامسىلەر؟ ئېيتقىنكى، ‹يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟› ئۇلار: ‹ئاللاھ› دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ‹ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟› ئېيتقىنكى، ‹ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)›. ئۇلار: ‹ئاللاھ› دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ‹سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟›﴾. (سۈرە مۆئمىنۇن 84-ئايەتتىن 89-ئايەتكىچە) بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرمۇ بار.

2. «تَوْحِيدُ الأُلُوهَيَّةِ «ئىلاھلىقتا يالغۇز دەپ ئېتىقاد قىلىش – ئىبادەتنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە لايىق زات پەقەت بىر ئاللاھتۇر. ئىبادەت – ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ياكى ئۇنىڭ نارازى بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ قىلىدىغان ھەر قانداق سۆز-ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ناماز، روزا، ھەج ۋە زاكاتلا ئىبادەت ھېسابلانماستىن، بەلكى دۇئا قىلىش، ئىلتىجا قىلىش، سەدىقە بېرىش، ئاللاھقا ئۈمىد باغلاش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش قاتارلىقلارمۇ ئىبادەتكە كىرىدۇ. «ئىلاھلىقتا يالغۇز دەپ ئېتىقاد قىلىش” دېگەن مەزكۇر ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىش دېمەكتۇر. قەبرىگە چوقۇنغۇچىلار مەزكۇر ئىبادەتلەرنى قەبرىدىكى ئۆلۈكلەر ئۈچۈن قىلىدۇ. ئۇلار ئۆلۈككە ئۈمىد باغلاش، ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىرە ۋە سەدىقە قىلىش، ئۇنىڭ ئالدىدا نامازدا تۇرغاندەك ئېگىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭدىن ھاجىتىنى تىلەش، قەبرىسىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەزكۇر ئىبادەتلەرنى قەبرىگە دەپنە قىلىنغان بۇزرۇكلار ئۈچۈن قىلغانلىقى ئوچۇقتىن ئوچۇق شېرىكتۇر.

3. «تَوْحِيدُ الأَسْمَاءِ وَالصِّفَاتِ «ئاللاھ تائالانى ئىسىم-سۈپەتلىرىدە يەككە-يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش – قۇرئاندا ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغان ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ھېچبىر شەكىلدە ئىزاھلىماستىن،

قانداقلىقىنى بايان قىلماستىن، بۇرمىلىماستىن، ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئوخشاتماستىن قوبۇل قىلىش ۋە ئۇ سۈپەتلەردە ھېچكىم ئاللاھقا ئوخشىمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: غەيبنى بىلگۈچى، يىراق-يېقىندىن ھەر كىمنىڭ نالە-پەريادىنى ئاڭلاشقا قادىر، كائىناتتا خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە زات دېگەندەك ئىلاھىي سۈپەتلەرنىڭ بىرىنى ئاللاھتىن باشقا ھەر قانداق بىر ئەۋلىيا ياكى بىر شەخستە بار دەپ ئېتىقاد قىلماسلىق. كىمكى شۇنداق ئېتىقاد قىلسا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئەپسۇسكى، قەبرىگە چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدا بۇ تۈردىكى شېرىك كۆپ بولۇپ، ئۇلار بۇ جەھەتتىن ئاللاھ تائالاغا كۆپ كىشىلەرنى شېرىك قىلىۋالغان. (ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن)

ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ٦

*بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن① [6].*

① «ھىدايەت» دېگەن سۆزنىڭ توغرا يولغا باشلاش، توغرا يولدا ماڭدۇرۇش، مۇراد-مەقسەتكە يەتكۈزۈش دېگەندەك بىر قانچە مەنىسى بولۇپ، ئەرەب تىلىدا يول كۆرسىتىش، مۇۋەپپەق قىلىش، ئىلھام بېرىش، يېتەكلەش ۋە باشلاش دېگەن سۆزلەر بىلەن بىر مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، ئۇنىڭدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، بۇ يولدا سېنىڭ رازىلىقىڭغا (بىزنىڭ مەقسىتىمىزگە) يېتىش ئۈچۈن قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن. بۇ «توغرا يول»غا ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلمىسا، ئەقىل ۋە زېرەكلىك بىلەنلا كىرگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى «توغرا يول» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن «ئىسلام»نىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە ساقلانغاندۇر.

صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ٧

***غەزىپىڭگە ئۇچرىغانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا① ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا② (باشلىغىن) [7].***

***① «غەزىپىڭگە ئۇچرىغانلار» دېگەندە يەھۇدىيلار، «ئازغانلار» دېگەندە ناسارالار (خرىستىئانلار) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىبنى هاتەمنىڭ دېيىشىچە، بۇ ھەقتە ھەممە تەپسىرشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. (فەتھۇلقەدىر) شۇنىڭ ئۈچۈن توغرا يولدا مېڭىشنى خالايدىغانلار يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ گۇمراھلىقلىرىدىن ئۆزلىرىنى ساقلىشى لازىم. يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئازغۇنلىقى شۇ ئىدىكى، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ توغرا يولدا ماڭمايتتى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشتىن باش تارتمايتتى. ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيتتى. ھىبر ۋە راھىبلىرىنىڭ (يەنى ئۆلىمالىرىنىڭ) ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىش ھوقۇقى بار دەپ قارايتتى.***

ناسارالارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى شۇ ئىدىكى، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەشنى چەكتىن ئاشۇرۇپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئوغلى ۋە ئۈچىنىڭ بىرى (ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى) دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىمۇ مەزكۇر ئازغۇنلۇقلار ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكتىن دۇنيادا خار ۋە قەدىرسىز بولماقتا. (ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يامراپ كېتىۋاتقان بالايى-ئاپەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ساقلاپ، ئازغۇنلۇق چۆلىدىن چىقارغاي، ئامىن)

② بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى «توغرا يول»نى ئىزاھلاپ كەلگەن، يەنى ئى ئاللاھ، بىزنى سەن ئىنئام قىلغانلار ماڭغان يولغا باشلىغىن، دېمەكتۇر. مەزكۇر ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەر توپى – پەيغەمبەرلەر، شېھىتلەر، راستچىللار ۋە سالىھلاردۇر. بۇلار سۈرە نىسادا مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!﴾. (سۈرە نىسا 69-ئايەت) بۇ ئايەتتە يەنە بىر نۇقتا ئوچۇقلاشتۇرۇلىدىكى، نېمەتكە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ يولى پەقەت ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلغانلارنىڭلا يولىدۇر.

سۇرە فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن» دېيىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولىمۇ تەكىتلىگەن ھەم ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغان. شۇڭا نامازدا ئىمام ۋە ئىقتىدا قىلغۇچى ھەر بىرىگە «ئامىن» دېيىش لازىمدۇر. «ئامىن» دېگەن سۆز «شۇنداق بولغاي»، «ئى ئاللاھ، ئۇمىدىمىزنى يەردە قويمىغىن»، «ئى ئاللاھ، دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

# سۈرە بەقەرە

| (2) سۈرە بەقەرە① مەدىنىدە چۈشكەن 286 ئايەت | (٢) سورة البقرة مدنية ٢٨٦ |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓمٓ ۝١ ذَٰلِكَ ٱلْكِتَٰبُ لَا رَيْبَ ۛ فِيهِ ۛ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ ۝٢

***ئەلىف، لام، مىم② [1]. بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر③، (ئۇ) تەقۋادارلارغا ھىدايەتتۇر④ [2].***

① بۇ سۈرىدە كالىنىڭ ۋەقەسى بايان قىلىنغاچقا سۈرە بەقەرە (كالا ۋەقەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە) دەپ ئاتىلىدۇ. ھەدىستە بۇ سۈرىنىڭ بىر خاس پەزىلىتى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «شۈبھىسىزكى، سۈرە بەقەرە ئوقۇلۇپ تۇرغان ئۆيدىن شەيتان قاچىدۇ». يەنە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىق قىلىۋالماڭلار! (ئۆيۈڭلاردا) سۈرە بەقەرەنى ئوقۇپ تۇرۇڭلار. چۈنكى، سۈرە بەقەرە ئوقۇلۇپ تۇرغان ئۆيگە شەيتان كىرمەيدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 212-ھەدىس) بۇ سۈرە مەدىنىدە دەسلەپتە چۈشكەن سۈرىلەردىندۇر، ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرى ۋىدالىشىش ھەج مەۋسۇمىدە چۈشكەن. بەزى ئالىملار: سۈرە بەقەرەنى مىڭ خىل خەۋەر، مىڭ خىل بۇيرۇق ۋە مىڭ خىل يامان ئىشلاردىن توسىدىغان چەكلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەيدۇ. (تەپسىر ئىبنى

كەسىر)

② ئۈزۈك ھەرپلەر يەنى ئايرىم-ئايرىم ئوقۇلىدىغان ھەرپلەرنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە ئىشەنچىلىك رىۋايەت يوق. ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر كىشى ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا ئوقۇغان ھەربىر ھەرپى ئۈچۈن 10 ياخشىلىق يېزىلىدۇ. مەن "ا ل م " نى بىر ھەرپ دېمەيمەن. ئەلىف بىر ھەرپ، لام بىر ھەرپ، مىم بىر ھەرپتۇر». (سۇنەنى تىرمىزى 2910-ھەدىس) ھەربىر ھەرپ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق، ھەربىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى 10 ھەسسە قىلىپ يېزىلىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ

③ قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر. يەنە بىر سۈرىدە ﴿(بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان)نىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر﴾. دەپ كەلگەن. (سۈرە سەجدە 2-ئايەت) بەزى ئۆلىمالار: «بۇ چەكلەش مەنىسىدە كەلگەن خەۋەر بولۇپ، (ئۇنىڭدىن شەك قىلماڭلار) دېگەنلىك بولىدۇ» دەيدۇ. دېمەك بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ راستلىقىدا، بايان قىلىنغان مەسىلىلەر ۋە ھۆكۈملەرنىڭ ئىنسانىيەتنى نىجاتلىق ۋە غەلىبىگە باشلايدىغانلىقىدا، بايان قىلىنغان (تەۋھىد، ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە قىيامەت توغرىسىدىكى) ئەقىدىلەرنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر.

④ بۇ ئىلاھىي كىتاب پۈتۈن ئىنسانلارنى ھىدايەت ۋە توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھىدايەت بۇلىقىدىن ئىچىدىغانلار پەقەت ئابىھايات ئىزدەپ يۈرگەن، ئاللاھتىن ھەققىي قورقىدىغان كىشىلەردۇر. دىللىرىدا ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ ھېساب بېرىشنى ئويلىمايدىغان، ئاقىۋەتتىن ئەندىشە قىلمايدىغان، چىن قەلبىدىن ھىدايەت تەلەپ قىلمايدىغان ۋە گۇمراھلىقتىن ئۆزىنى ساقلىمايدىغانلارغا ھىدايەت قەيەردىن كەلسۇن؟ ئۇلار ھىدايەتكە قانداقمۇ ئېرىشەلىسۇن؟

ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ
يُنفِقُونَ ۝٣ وَٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن

قَبْلِكَ وَبِٱلْأَخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن رَّبِّهِمْۖ
وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٥﴾

***ئۇلار غەيبكە ئىشەنگەن①، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان②، بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر③ [3]. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا، سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىشەنگەن④ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر [4]. ئەنە شۇلار رەببى تەرىپىدىن (كەلگەن) ھىدايەت ئۈستىدىدۇر، ئەنە شۇلار مۇۋەپپەقىيەتكە (بەختكە، غەلىبىگە) ئېرىشكۈچىلەردۇر⑤ [5].***

① «غەيب ئىشلار» دېگەندە ئەقىل-ئىدراك، سەزگۈ ئەزالار بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ زاتى، ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھىي، جەننەت، دوزاخ، پەرىشتىلەر، قەبرە ئازابى، قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشى قاتارلىقلار غەيب ئىشلاردۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەقىل ۋە سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىگە ئىشىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش كۇفۇرلۇق ۋە زالالەتتۇر.

② «نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان» يەنى ۋاقتىدا رىئايە قىلغان ئاساستا سۈننەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە ناماز ئوقۇيدىغان دېمەكتۇر.

③ بۇ يەردىكى مال-مۈلۈكنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولۇپ، پەرز ۋە نەپلە سەدىقىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۆئمىنلەر قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ھەر ئىككى سەدىقىنى ئادا قىلىدۇ. ئاتا-ئانا، ئائىلە، بالا-چاقىلىرىغا توغرا يوسۇندا سەرپ قىلىشمۇ، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ ھەم ساۋاب بولىدىغان ئەمەللەردىندۇر.

④ ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىش دېگەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن كىتابلارنىڭ ھەممىسى توغرا دەپ ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر دۇنيادا ئۇ كىتابلار ئەسلىي شەكلىدە مەۋجۇت ئەمەس،

شۇڭا ئۇلارغا ئەمەل قىلىنمايدۇ. ھازىر پەقەت قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭ شەرھىسى بولغان ھەدىسكىلا ئەمەل قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ۋەھيي ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە داۋاملىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ، بولمىسا ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى كىتابلارغىمۇ ئەمەل قىلىشقا چوقۇم بۇيرۇق قىلغان بولاتتى.

⑤ بۇ ئايەتتە ئىمان ئېتىقادىدىن كېيىن تەقۋالىق، ياخشى ئەمەل، توغرا ئەقىد ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ پارلاق ئىستىقبالى بايان قىلىندى. ئۇلار «ئاغزىدا ئىمان ئېيتىپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلاردۇر. بۇ يەردىكى «مۇۋەپپەقىيەت (بەخت، غەلىبە)» دېگەندىن ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا، ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيادىمۇ بەخت-سائادەتلىك ۋە باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىش بولسا، ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتىدۇر. بولمىسا، ھەقىقىي بەخت-سائادەت ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەتتۇر.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا ئىككىنچى بىر گۇرۇھ ھەققىدە توختىلىدۇ. ئۇلار كاپىر بولۇپلا قالماستىن يەنە كۇفرى ۋە تەرسالىقتا ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئۈمىد قالمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلەردۇر.

ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا
يُؤۡمِنُونَ ٦ خَتَمَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ وَعَلَىٰ سَمۡعِهِمۡۖ وَعَلَىٰٓ أَبۡصَٰرِهِمۡ
غِشَٰوَةٞۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ٧ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا
بِٱللَّهِ وَبِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَمَا هُم بِمُؤۡمِنِينَ ٨

***(ئى پەيغەمبەر!) ئېنىقكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلار ئۇچۇن بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ① [6]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (شۇڭا ئىماننىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)،***

***ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) چوڭ بىر ئازاب بار② [7]. بەزىبىر ئادەملەر باركى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىشەنمىسىمۇ، «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق» دەپ قويۇشىدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)③ [8].***

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ كېتىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتەتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئىمان نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇلار دىللىرىغا مۆھۈر بېسىلىپ كەتكەن مەلۇم كىشىلەر ئىدى (مەسىلەن: ئەبۇ جەھىل ۋە ئەبۇ لەھەب قاتارلىقلار). بولمىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولغان ئىدى، ھەتتا كېيىنچە پۈتۈن ئەرەب ئارىلى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام سايىسى ئاستىغا جەم بولدى.

② بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىدىكى سەۋەب بايان قىلىندى. سەۋەب، ئۇلار كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرغان ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقتىن دىللىرىدا ھەقنى قوبۇل قىلىدىغان تەييارلىق ۋە ئىنتىلىش قالمىغان، قۇلاقلىرى ھەق سۆزنى ئاڭلاشقا ئۇنىمىغان، كۆزلىرى كائىناتقا يېيىلغان ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بەلگىلەرنى كۆرۈشتىن كور بولغان ئىدى. ئىش شۇنداق تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ئىمان ئېيتىدۇ؟ ئىمان پەقەت ئاللاھ بەرگەن ئىلىم ۋە ئىقتىدارنى توغرا ئىشلىتىپ، ياراتقۇچىسىنى تونۇغانلارغىلا نېسىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقان كىشىلەر تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ:

«مۇئمىن گۇناھ ئىشتىن بىرنى قىلسا، ئۇنىڭ دىلىغا قارا چېكىتتىن بىرسى قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ قىلغان ئىشىغا تەۋبە قىلىپ، گۇناھتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزسە، ئۇنىڭ دىلى ئىلگىرىكىدەك پاك بولۇپ كېتىدۇ. (ئەگەر يامانلىقتىن يانماي) گۇناھ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرىۋەرسە، قارا چېكىت كۆپىيىپ ئۇنىڭ دىلىنى پۈتۈنلەي ئورىۋالىدۇ، ئۇ قارا چېكىتلەر ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدا بايان قىلىنغان دىلنىڭ قارىيىپ كېتىشىدۇر دەپ، تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴾. (سۈرە مۇتەففىفىين 14-ئايەت) ». (سۈنەنى تىرمىزى 3334-ھەدىس).

دىلى قارىيىپ كېتىش قۇرئان كەرىمدە «دىلى پېچەتلىنىش» دەپ ئىپادىلەنگەن. دىللارنىڭ پېچەتلىنىشى ئۇلارنىڭ گۇناھنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقىنىڭ مەنتىقىي نەتىجىسىدۇر. بۇ نۇقتا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى﴾. (سۈرە نىسا 155-ئايەت)

③ بۇ ئايەتتىن باشلاپ ئۈچىنچى گۇرۇھ مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى ئىماندىن خالىي ئىدى، ئۇلار مۆئمىنلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئاغزىدا ئىماننى ئىزھار قىلاتتى. شۇڭا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى پاش قىلىنىپ دېيىلدىكى، ئۇلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئۇلار بۇ ئىشىدا غەلىبە قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مۆئمىنلەرنىمۇ ئالدىيالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق مۆئمىنلەرنى ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلدى ۋە دۇنيادىمۇ خار بولدى.

يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَمَا يَخۡدَعُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡ وَمَا
يَشۡعُرُونَ ٩ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ فَزَادَهُمُ ٱللَّهُ مَرَضٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ
أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡذِبُونَ ١٠ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ
قَالُوٓاْ إِنَّمَا نَحۡنُ مُصۡلِحُونَ ١١ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡمُفۡسِدُونَ وَلَٰكِن لَّا
يَشۡعُرُونَ ١٢ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ ءَامِنُواْ كَمَآ ءَامَنَ ٱلنَّاسُ قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ
كَمَآ ءَامَنَ ٱلسُّفَهَآءُۗ

***ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۇيماستىن پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ [9]. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار ئىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى①. ئېيتىۋاتقان يالغانلىرى (يەنى يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقى) ئۈچۈن ئۇلارغا***

***دەردلىك ئازاب بار [10]. ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز پەقەت ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ [11]. بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇزغۇنچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر②، لېكىن (بۇنى) ئۆزلىرى تۇيمايدۇ [12]. ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا): «سىلەرمۇ ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك (يەنى ساھابىلەردەك چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن) ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئەخمەقلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ③.***

① كېسەل دېگەندە كۇفرىلىق ۋە مۇناپىقلىق كېسىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنى داۋالاشقا ئەھمىيەت بەرمىسە، تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. شۇنىڭدەك، يالغان سۆزلەش مۇناپىقلارنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش لازىمدۇر.

② بۇزغۇنچىلىق ئىسلاھ قىلىشنىڭ زىتىدۇر. كۇفرىلىق ۋە گۇناھ سەۋەبلىك زېمىندا بۇزغۇنچىلىق تارىلىدۇ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك بولىدۇ. ھەر دەۋردىكى مۇناپىقلارنىڭ تۇتقان يولى ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدۇ، گۇناھ ئىشلارنى كۆپلەپ تارقىتىدۇ، ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن چەك-چېگرىسىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ، بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىز: ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

③ ئۇ مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ يولىدا جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى قۇربان قىلىشتا قىلچە بوشاڭلىق قىلمىغان ساھابە كىراملارنى «ئەخمەقلەر» دېدى. بۈگۈنكى مۇناپىقلار ساھابە كىراملارنى ئىمان نېمىتىدىن مەھرۇم ئىدى دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. (ئاللاھ ساقلىسۇن) بۇ ئايەتتە ھازىرقى ۋە قەدىمكى دەۋردىكى مۇناپىقلارغا رەددىيە بېرىلىپ دېيىلدىكى، ئالىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن دۇنياۋى مەنپەئەتنى قۇربان قىلىش ئەخمەقلىق ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئاقىللىقتۇر ۋە بەختلىك بولغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ھەقىقىي بەخت-سائادەتنىڭ نامايەندىلىرىدۇر. شۇڭا ئۇلار راستچىل مۇئمىن بولۇپلا قالماستىن يەنە مۇئمىنلىكنىڭ ئۆلچىمى ۋە نەمۇنىسىدۇر. بىلىڭلاركى، ئەمدى پەقەت ساھابە كىراملاردەك ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىلا ئېتىبارلىق بولىدۇ. ﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب) سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان

ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ﴾. (سۈرە بەقەرە 137-ئايەت).

أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ وَلَٰكِن لَّا يَعۡلَمُونَ ﴿١٣﴾ وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوۡاْ إِلَىٰ شَيَٰطِينِهِمۡ قَالُوٓاْ إِنَّا مَعَكُمۡ
إِنَّمَا نَحۡنُ مُسۡتَهۡزِءُونَ ﴿١٤﴾ ٱللَّهُ يَسۡتَهۡزِئُ بِهِمۡ وَيَمُدُّهُمۡ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ
يَعۡمَهُونَ ﴿١٥﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت
تِّجَٰرَتُهُمۡ وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ ﴿١٦﴾

***بىلىڭلاركى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزى ئەخمەقلەردۇر، لېكىن ئۇلار (بۇنى) بىلمەيدۇ① [13]. ئۇلار ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئۇچراشقاندا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، (ئۆزلىرىنى ئازدۇرغان ئادىمىي) شەيتانلىرى② بىلەن يالغۇز قالغاندا بولسا: «بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە، بىز پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) ئىمان ئېيتقانلارنى مەسخىرە قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ [14]. ئاللاھ ئۇلارغا (مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ) جازاسىنى بېرىدۇ③ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق (پاتقاقلىرى)دا تاشلاپ قويىدۇ، ئۇلار بولسا تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ [15]. ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى سېتىۋالدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى④، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى [16].***

① شۈنىسى ئېنىقكى، كۆز ئالدىدىكى پايدا ئۈچۈن كەلگۈسىدىكى پايدىنى قولدىن بېرىش، پانىي دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى پايدىلىق ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتتىن ئەلا بىلىش، ئاللاھتىن قورقماي ئىنسانلاردىن قورقۇش ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەخمەقلىقتۇر. ئۇ مۇناپىقلار مۇشۇنداق ئەخمەقلىقنى سادىر قىلىپ، ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتتىن غەپلەتتە قالدى.

② «شاياتۇنلىرى» دېگەندە قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە يەھۇدىيلار ياكى مۇناپىقلارنىڭ باشلىقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇناپىقلار ئۇلارنىڭ

كۆرسەتمىسى بويىچە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەت قىلاتتى.

③ ﴿اَللّٰهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ﴾ بۇ ئايەتنىڭ لەۋزى تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ» دېگەن بولىدۇ. يەنى ئۇلار مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىپ، مەسخىرە قىلغاندەك، ئاللاھمۇ ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. (تەپسىر تەبەرى 1-توم، 154-بەت) يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بەختسىزلىك ۋە خارلىققا دۇچار قىلىش بىلەن جازالايدۇ.

بۇ ئايەتتە «جازاسىنى بېرىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ «مەسخىرە قىلىدۇ» دەپ ئىپادىلەنگەنلىكى ئەرەب تىلىنىڭ ئۇسلۇبى بولۇپ، ھەقىقەتتە بۇ مەسخىرە قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسلۇبى باشقا سۈرىلەردىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن: ﴿وَجَزَٰٓؤُاْ سَيِّئَةٖ سَيِّئَةٞ مِّثۡلُهَا﴾ ﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر﴾. (سۈرە شۇرا 40-ئايەت)، دېگەندە يامانلىقنىڭ جازاسى يامانلىق ئەمەس، بەلكى يامانلىقنىڭ بەدىلىگە بېرىلىدىغان مۇناسىپ جازانى كۆرسىتىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَهُوَ خَٰدِعُهُمۡ﴾ ﴿مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ﴾. (سۈرە نىسا 142-ئايەت)، ﴿وَمَكَرُواْ وَمَكَرَ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلۡمَٰكِرِينَ﴾ ﴿ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى (ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى)﴾. (سۈرە ئال ئىمران 54-ئايەت قاتارلىقلار) يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى: قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، سۈرە ھەدىد 13-ئايەتتە كەلگەندەك.

④ بۇ يەردىكى «سودا» دېگەندە ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى سېتىۋالغانلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەقىقىي زىيان تارتقان سودىدۇر. مۇناپىقلار نىفاق تونىنى كىيىپ، سودىدا زىيان تارتتى. ئەمما بۇ زىيان ئاخىرەتتىكى زىياندۇر. دۇنيادا ئۇلارغا بۇ زىياننىڭ مەلۇم بولۇشى زۆرۈر ئەمەس، بەلكى دۇنيادا ئۇلار مۇناپىقلىق بىلەن تېزلا قولغا كەلگەن پايدىدىن قاتتىق خۇرسەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزلىرىنى ناھايىتى ئەقىللىق؛ مۇسۇلمانلارنى ئەخمەق ساناپ يۈرەتتى.

مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ ٱلَّذِى ٱسْتَوْقَدَ نَارًا فَلَمَّآ أَضَآءَتْ مَا حَوْلَهُۥ ذَهَبَ
ٱللَّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِى ظُلُمَٰتٍ لَّا يُبْصِرُونَ ﴿١٧﴾ صُمٌّۢ بُكْمٌ عُمْىٌ
فَهُمْ لَا يَرْجِعُونَ ﴿١٨﴾ أَوْ كَصَيِّبٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فِيهِ ظُلُمَٰتٌ وَرَعْدٌ
وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ أَصَٰبِعَهُمْ فِىٓ ءَاذَانِهِم مِّنَ ٱلصَّوَٰعِقِ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ ۚ
وَٱللَّهُ مُحِيطٌۢ بِٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٩﴾ يَكَادُ ٱلْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَٰرَهُمْ ۖ كُلَّمَآ
أَضَآءَ لَهُم مَّشَوْا۟ فِيهِ وَإِذَآ أَظْلَمَ عَلَيْهِمْ قَامُوا۟ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ
لَذَهَبَ بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَٰرِهِمْ ۚ

***ئۇلار گوياكى (قاراڭغۇ كېچىدە) مەشئەل (گە ئوت) ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، مەشئەل ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يورۇقلۇقىنى (مەشئەلنىڭ نۇرىنى) ئۆچۈرىۋەتتى، ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە قالدۇردى① ، ئۇلار (ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدۇ [17]. ئۇلار گاستۇر (ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (ھەق سۆزنى قىلمايدۇ)، كوردۇر (توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (ئازغۇنلۇقتىن) قايتمايدۇ [18] ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر) [19]. چاقماق ئۇلارنى كۆز نۇرىدىن ئايرىپ قويغىلى تاس قالدۇ. چاقماق ئۇلارغا ھەر قاچان يورۇق چۈشۈرگەندە، ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ، (چاقماق ئۆچۈپ) ئۇلارنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا بولسا تۇرۇپ قالىدۇ② ، ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلىۋەتكەن بولاتتى.***

① ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابىلەر ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە بەزى كىشىلەر مۇسۇلمان بولغان ئىدى،

كېيىن تېزلا مۇناپىق بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مىسالى مۇنداق بىر كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا ئىدى، چىراق ياقتى، چىراق ئۇنىڭ ئەتراپىنى يورۇتتى. ئۇنىڭغا پايدىلىق ۋە زىيانلىق نەرسىلەر ئايان بولدى، تۇيۇقسىز چىراق ئۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئىلگىرىكىدەك قاراڭغۇلۇقتا قالدى. مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. ئىلگىرى ئۇلار شېرىكنىڭ قاراڭغۇلىقىدا ئىدى، مۇسۇلمان بولۇپ يورۇقلۇققا چىقتى. ھالال ۋە ھارامنى بىلدى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى توندى، ئاندىن ئۇلار يەنە كۇفرى-نىفاق تەرەپكە قايتقان ئىدى، يورۇقلۇق يوقالدى. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر گۇرۇھى ھەققىدە كەلگەن مىسال بولۇپ، ئۇلارغا گاھىدا ھەق ئايان بولىدۇ، گاھىدا شەك-شۈبھىگە مۇپتىلا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى شەكلىنىش ۋە تېڭىرقاشتا قاراڭغۇدا چۈشكەن يامغۇرغا ئوخشايدۇ. قاتتىق گۈلدۈرماملىق ۋە چاقماقلىق يامغۇردا ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇنچقا تولىدۇ، ھەتتا قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قورقۇنچتىن قوللانغان بۇ تەدبىرلىرى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ كونتروللىقىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ مۇناپىقلار بەزىدە ھەقىقەت غەلىبە قىلغاندا، ھەققە بويۇن ئېگىدۇ. لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىسلامغا ياكى مۇسۇلمانلارغا قىيىنچىلىق يەتسە، تېڭىرقىغان ھالدا تۇرۇپ قالىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇ مۇناپىقلار گۇرۇھى ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە شەك-شۈبھە ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە ياشاپ ھەق (ئىسلام)نى قوبۇل قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٠﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعْبُدُوا۟ رَبَّكُمُ ٱلَّذِى
خَلَقَكُمْ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿٢١﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ
لَكُمُ ٱلْأَرْضَ فِرَٰشًا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءً وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ
بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ فَلَا تَجْعَلُوا۟ لِلَّهِ أَندَادًا وَأَنتُمْ
تَعْلَمُونَ ﴿٢٢﴾ وَإِن كُنتُمْ فِى رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا۟ بِسُورَةٍ
مِّن مِّثْلِهِۦ وَٱدْعُوا۟ شُهَدَآءَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٣﴾
فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا۟ وَلَن تَفْعَلُوا۟

***چۈنكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر① [20]. ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەت ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار [21]. ئۇ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك (سېلىنچا) ۋە ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇ ئارقىلىق سىلەرگە تۈرلۈك مېۋىلەردىن رىزىق چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. شۇڭا، سىلەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار② [22]. ئەگەر سىلەر بىز بەندىمىز (مۇھەممەد) كە نازىل قىلغان قۇرئانغا شەك كەلتۈرسەڭلار ۋە (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزىدۇر دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (قۇرئانغا قارشى تۇرۇشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، قۇرئاندىكىگە ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار③ [23]. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار — ھەرگىزغۇ قىلالمايسىلەر — ④***

① بۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئۆزى بەرگەن سالاھىيەتنى تارتىپ ئېلىۋالىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى، ئۇنىڭ ئازابى ۋە جازاسىدىن بىردەممۇ بىغەم ئولتۇرماسلىقى لازىم.

② ھىدايەت ۋە زالالەت ئېتىبارى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھ بولىدىغانلىقى زىكىر قىلىنغاندىن كېيىن، تۆۋەندە بارلىق ئىنسانلار ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىلىۋاتىدۇ: ئاللاھ تائالا سىلەرنى ۋە پۈتۈن كائىناتنى ياراتقۇچى، سىلەرنىڭ بارلىق ئېھتىياجىڭلارنى تولۇقلىغۇچى تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلماي، نېمە ئۈچۈن باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟ باشقىلارنى ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟ ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئامان قېلىشنى خالىساڭلار، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ يول شۇكى، ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىسىلەر، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىسىلەر، بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيسىلەر.

③ يۇقىرىدا تەۋھىدنىڭ ئاساسلىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمدى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بىز بەندىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغانلىقىغا شەك كەلتۈرسەڭلار، بارلىق ئادەملىرىڭلارنى توپلاپ، قۇرئاننىڭ سۈرىسىگە ئوخشايدىغان بىر سۈرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بېقىڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، بۇ ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان كالام ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئەمدى بىزگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، كاپىرلارغا تەييارلانغان جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇشۇڭلار لازىم.

④ قۇرئان كەرىمنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنىڭ دەلىلى ئۇنىڭ ئەرەب ۋە ئەجەمدىن بولغان بارلىق كاپىرلارغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىدۇر. لېكىن، ئۇلار بۇگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى، ئېنىقكى ئۇلار قىيامەتكىچە كەلتۈرەلمەيدۇ.

فَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِي وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُۖ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٤﴾ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ كُلَّمَا رُزِقُواْ مِنۡهَا مِن ثَمَرَةٖ رِّزۡقٗا قَالُواْ هَٰذَا ٱلَّذِي رُزِقۡنَا مِن قَبۡلُۖ وَأُتُواْ بِهِۦ مُتَشَٰبِهٗاۖ وَلَهُمۡ فِيهَآ أَزۡوَٰجٞ مُّطَهَّرَةٞۖ وَهُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٥﴾

***كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان①، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان② دوزاختىن ساقلىنىڭلار [24]. (ئى پەيغەمبەر!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا③ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار ھەر قېتىم جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ④. ئۇلارغا (كۆرۈنۈشتە دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە) ئوخشايدىغان، (تەمى ئوخشىمايدىغان) مېۋىلەر بېرىلىدۇ.***

***جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپلەر بار⑤، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ⑥ [25].***

① بۇ ئىبارىدىن ئەسلىدە دوزاخنىڭ كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارغا تەييارلانغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئايەت يەنە جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھازىرمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولىدۇ. ئىلگىرىكى سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ئەقىدىسىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ بىر قىسىم يېڭىدىن پەيدا بولغان ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلار دەۋا قىلغاندەك چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن تەسۋىري مىسال ئەمەس.

② ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى «يېقىلغۇ بولغان تاشلار»-گۈڭگۈرت تېشىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر﴾. (سۈرە ئەنبىيا 98-ئايەت) دېگەن ئايەت بويىچە كاپىرلار ئىبادەت قىلىپ كەلگەن تاشتىن ياسالغان بۇتلارمۇ دوزاخقا يېقىلغۇ بولىدۇ.

③ قۇرئان كەرىم ھەر قېتىم ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنى بىر جايدا زىكىر قىلىش ئارقىلىق ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل ئىككىسىنىڭ قازان بىلەن چۆمۈچتەك بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ياخشى ئەمەل بولمىسا، ئىماننىڭ سەمەرىسى بولمايدۇ. ئىمان بولمىسا، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. قانداق ئەمەل «ياخشى ئەمەل» بولىدۇ؟ سۈننەتكە ئۇيغۇن بولغان ۋە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ قىلىنغان ئەمەل «ياخشى ئەمەل» بولىدۇ. سۈننەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن رىياكارلىق بىلەن قىلغان ئەمەلمۇ رەت قىلىنىدۇ، ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

④ ﴿مُتَشَابِهًا﴾ دېگەن جەننەتنىڭ ھەممە مېۋىلىرى بىر-بىرىگە ئوخشاش ياكى دۇنيادىكى مېۋىلەرگە ئوخشاش ۋەياكى شەكلى ۋە ئىسمىلىرى ئوخشاش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ھەقىقەتتە جەننەت مېۋىلىرىنىڭ تەمى ۋە لەززىتىنى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. جەننەتنىڭ مېۋىلىرى ھەققىدىكى ھەدىستە جەننەتتە «كۆز

كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسانىنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان نېمەتلەر» بارلىقى بايان قىلىنغان. (سەھىھۇل بۇخارى 4779-، 4780-ھەدىس)

⑤ يەنى ئۇلاردا ھەيز، نىفاس ۋە باشقا (بالا تۇغۇش، تەرەت سۇندۇرۇشقا ئوخشايدىغان) ئىشلار بولمايدۇ.

⑥ ﴿خَٰلِدُونَ﴾ «مەڭگۈ تۇرىدۇ» دېمەكتۇر. جەننەتكە كىرگەنلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، خۇشال-خۇرام ياشايدۇ. دوزاخقا كىرگەن كاپىرلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئازاپ ئىچىدە ياشايدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلىنى دوزاخقا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر جاكارچى مۇئەززىن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق نىدا قىلىپ توۋلايدۇ: ‹ئى جەننەت ئەھلى! ئەمدى ئۆلۈم يوق، ئى دوزاخ ئەھلى! ئەمدى ئۆلۈم يوقتۇر، ھەر ئىككى پىرقە ئۆزى تۇرىۋاتقان ئورۇندا مەڭگۈ قالىدۇ›.» (سەھىھۇل بۇخارى 6544-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2850-ھەدىس).

۞ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَسۡتَحۡيِۦٓ أَن يَضۡرِبَ مَثَلٗا مَّا بَعُوضَةٗ فَمَا فَوۡقَهَاۚ فَأَمَّا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَيَعۡلَمُونَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
فَيَقُولُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلٗاۘ يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرٗا وَيَهۡدِي بِهِۦ
كَثِيرٗاۚ وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ إِلَّا ٱلۡفَٰسِقِينَ ٢٦ ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهۡدَ ٱللَّهِ
مِنۢ بَعۡدِ مِيثَٰقِهِۦ

***شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەقىقەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن) پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ①، ئىمان ئېيتقانلار ئۇنى رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؛ كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلار بولسا: «ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلغاندۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى***

*تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ②. بۇ مىسال بىلەن پەقەت پاسىقلارنى ئازدۇرىدۇ [26]. (ئۇ) پاسىقلار ئاللاھقا مۇستەھكەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ③.*

① ئاللاھ تائالا كەسكىن دەلىللەر بىلەن قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندا، كاپىرلار باشقا بىر ئۇسۇل بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى. ئۇلار: ئەگەر بۇ ئاللاھنىڭ كالامى بولغان بولسا، شۇنداق كاتتا زات نازىل قىلغان كالامدا ئۆشۈك-چىۋىن دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ مىساللىرى بولمايتتى، دېدى. بۇ ئايەت ئۇلارغا رەددىيە بەردى. يەنى بىر پىكىرنى بايان قىلىشتا ھېكمەت يۈزىسىدىن ھەر خىل مىساللارنى كەلتۈرۈش ھەرگىزمۇ ئەيىب-نۇقسان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشتا خىجىل بولۇش ۋە تارتىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتۇر. ﴿فَوْقَهَا﴾ دېگەندە پاشىنىڭ ئۈستىدىكى قانتىدىن ياكى پۈتىدىنمۇ كىچىك نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇ يەنى «ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ». ياكى ﴿فَوْقَهَا﴾ دېگەن سۆزدىن چوڭ نەرسە دېگەن مەنىنى ئېلىشقىمۇ بولىدۇ، ئۇ چاغدا «ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ» دېگەن مەنە چىقىدۇ، ئۇ سۆزدىن ھەر ئىككى مەنىنى ئېلىشقا بولىدۇ.

② ئاللاھ بايان قىلغان مىساللار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى كۈچلىنىدۇ. كاپىرلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ۋە ئىرادە قانۇنىيىتى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز﴾. (سۈرە نىسا 115-ئايەت) ھەدىستە «ھەر كىم نېمىگە يارىتىلغان بولسا، شۇ نەرسە ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇلىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 4949-ھەدىس) دەپ بايان قىلىنغان. «پاسىقلىق» دېگەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇئمىندىن ۋاقىتلىق سادىر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئايەتتىكى «پاسىقلىق» دېگەندىن ئىتائەتتىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىش، يەنى كۇفرىلىق كۆزدە تۇتۇلغان. بۇنى كېيىنكى ئايەتتىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئمىنىنىڭ سۈپەتلىرىگە زىت بولغان

كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

③ مۇپەسسىرلەر ﴿عَهْدَ﴾نىڭ بىر نەچچە مەنىسىنى بايان قىلدى. مەسىلەن: 1. بۇ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق مەخلۇقلارغا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلىگەن نەرسىلىرىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا قىلغان ۋەسىيىتىدۇر. 2. تەۋراتنىڭ ئىچىدە كەلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چوقۇم ئىشىنىش، ئۇنى تەستىقلاش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش توغرىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەھلى كىتابتىن ئالغان ۋەدىسىدۇر. 3. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن چىقىرىلغان بارلىق نەسىللىرىدىن ئېلىنغان ئەلەستۇ ئەھدىسىدۇر. بۇ ئەھدە سۇرە ئەئرافنىڭ 172-ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى﴾. «ۋەدىسىنى بۇزىدۇ» دېگەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، دېگەن بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَيَقْطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿٢٧﴾ كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِٱللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَٰتًا فَأَحْيَـٰكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٢٨﴾ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَـٰوَٰتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٩﴾

*ئاللاھ داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى) ئۈزۈپ قويىدۇ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر① [27]. (ئى كاپىرلار!)*

***ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟ جانسىز (ئۆلۈك) ئىدىڭلار، ئۇ سىلەرنى تىرىلدۈردى (سىلەرگە جان بەردى)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ②، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر [28]. ئاللاھ زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتقان③، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ④، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىغان زاتتۇر⑤. ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [29].***

① شۇنىسى ئېنىقكى، زىيان پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلارغىلا بولىدۇ. ئاللاھقا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە دەۋەتچىلەرگە ھېچقانداق زىيان بولمايدۇ.

② بۇ ئايەتتە ئىككى ئۆلۈم ۋە ئىككى تىرىلدۈرۈش زىكىر قىلىندى. بىرىنچى ئۆلۈم بۇرۇنقى يوقلۇق ھالەتنى كۆرسەتسە؛ بىرىنچى تىرىلدۈرۈش يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۇغۇلغاندىن باشلاپ تا ئۆلگىچە بولغان دۇنيا ھاياتى بولۇپ، ئاندىن ئىككىنچى ئۆلۈم كېلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ئىنساننى يەنە تىرىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق تىرىلدۈرۈش بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈم كەلمەيدۇ. بۇ تىرىلىشنى كاپىرلار ۋە قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئىنكار قىلىدۇ. ئىمام شەۋكانى بەزى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى زىكىر قىلىپ، قەبرىدىكى ھاياتلىق (قايسى ھالەتتە بولسۇن) دۇنيا ھاياتى جۈملىسىگە كىرىدۇ، دەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر) توغرىسى شۇكى، قەبرىدىكى ھاياتلىق يەنى ئالەمى بەرزەختىكى ھاياتلىق ئاخىرەت ھاياتىنىڭ باشلىنىشى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاخىرەتتىكى ھاياتقا مەنسۇپتۇر.

③ بۇ ئايەتتە زېمىندىكى يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدە ھالال ئىكەنلىكىگە دەلىل باردۇر. پەقەت ھارام ئىكەنلىكىگە دەلىل بولغاندىلا ئاندىن ھاراملىققا ئۆتىدۇ، بولمىسا ئەسلىدىكى ھۆكمىگە ئاساسەن ھەممە نەرسە ھالالدۇر. (فەتھۇلقەدىر)

④ بەزى سەلەف ئۆلىمالىرى بۇ ئىبارىنى «ئاندىن ئاسمان تەرەپكە ئۆرلىدى» دەپ تەپسىر قىلىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 7418-ھەدىستە كەلگەندەك) ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلار ئۈستىدىكى ئەرشىنىڭ ئۈستىگە

ئۆرلىشى ۋە دۇنيا ئاسمىنىنىڭ مەلۇم جايلىرىغا چۇشۇشى ئۇنىڭ خاس سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، بۇ سۈپەتلەرگە قۇرئاندا ۋە ھەدىستە قانداق كەلگەن بولسا شۇ پېتى تەھلىل قىلماستىن ئىمان كەلتۈرۈش لازىمدۇر.

⑤ بۇ ئايەتتىن «ئاسمان»نىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان ھەقىقىي مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدى. ئۈستۈنلۈكنىڭ ئۆزىلا ئاسمان دەپ ئاتالمىدى. بۇنىڭدىن يەنە ئاسماننىڭ يەتتە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدى. ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىككى ئاسماننىڭ ئارىلىقى 500 يىللىق مۇساپىدۇر. زېمىن ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ﴿ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى﴾. (سۈرە تالاق 12-ئايەت) دېيىلگەن. بۇنىڭدىن زېمىننىڭمۇ يەتتە قات ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇقۇمنى تۆۋەندىكى ھەدىس تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «كىمكى بىر غېرىچ زېمىننى ناھەق ئىلىۋالسا، قىيامەت كۈنى يەتتە قات زېمىن ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3198-ھەدىس). بۇ ئايەتتىن يەنە ئاسماندىن بۇرۇن زېمىننىڭ يارىتىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، لېكىن سۈرە نازىئاتتا زېمىن ئاسماندىن كېيىن بايان قىلىنغان. يەنى ﴿شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى﴾ دېيىلگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەز مۇنىغا ئاساسەن زېمىن بۇرۇن يارىتىلغان، ئەمما ئۇنى يېيىپ، تۈزلەڭلىك قىلىش ئاسماننى ياراتقاندىن كېيىن بولغان. يارىتىش بىلەن يېيىپ تۈزلەڭلىك قىلىش ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم ئىشتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي ٱلْأَرْضِ خَلِيفَةً ۖ قَالُوٓا۟ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ ٱلدِّمَآءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ ۖ قَالَ إِنِّيٓ أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٣٠﴾

*ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە①: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېگەن ئىدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (ئىنسان)نى خەلىپە قىلامسەن؟② ھالبۇكى، بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز ۋە ئۇلۇغلايمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان*

نەرسىلەرنى بىلمەن» دېدى③ [30].

① پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ نۇردىن ياراتقان مەخلۇقلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ تۇرار جايى ئاسماندۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ھەرگىز بويۇنتاۋلۇق قىلمايدۇ.

② «خەلىپە»-ئورۇنباسار دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى خەلىپە دەپ ئاتىدى؟ بۇ ھەقتە ئىلىم ئەھلىنىڭ ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: ئاللاھ تائالا جىنلارنى زېمىندىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىندا يەرلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋمگە يەنى جىنلارغا ئورۇنباسار ۋە خەلىپە بولدى. شۇ سەۋەبتىن خەلىپە دەپ ئاتالدى. ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسەن، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەھكاملىرىنى مەخلۇقلار ئارىسىدا ئىجرا قىلىشتا نائىب (ياردەمچى) ۋە ئورۇنباسار ھېسابلىنىدۇ.

③ پەرىشتىلەرنىڭ سوئالى ھەسەتخورلۇق ياكى ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئادەمنى يارىتىشتىكى ھېكمەت ۋە ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن ئىدى. يەنى ئى رەببىمىز! ئادەمنى يارىتىشتىكى ھېكمەت نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە قان تۆكىدىغان بەزى كىشىلەر چىقىدۇ؟ ئۇلارنى يارىتىشتىكى مەقسىتىڭ ئۆزەڭگە ئىبادەت قىلدۇرۇش بولسا، بىز سېنى پاك ۋە ئۇلۇغ دەپ مەدھىيىلەيمىز. يېڭى يارىتىلماقچى بولغان مەخلۇقتىن سادىر بولىدىغان خاتالىقلار بىزدىن سادىر بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا دېدى: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» يەنى مەن بۇنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى ئوبدان بىلىمەن، سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇلارنىڭ مەزكۇر بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى يارىتىمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەر، شېھىتلەر، سالىھلار، زاھىتلار ۋە ئەۋلىيالار چىقىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

ئۇنداقتا، ئادەم ئەۋلادىنىڭ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى پەرىشتىلەر قانداق بىلىدۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئۇلار ئىنسانلار يارىتىلىشتىن

بۇرۇن ئۆتكەن مەخلۇقلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆرگەن. شۇڭلاشقا مۇشۇنداق سوئال سورىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: «ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مەن زېمىندا خەلىپە يارىتىمەن، ئۇ ئۇنداق-مۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ دەپ ئالدىن ئېيتقان. لېكىن مەزكۇر سۆزلەر ئايەتتە كەلتۈرۈلمىگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

وَعَلَّمَ ءَادَمَ ٱلۡأَسۡمَآءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمۡ عَلَى ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ فَقَالَ أَنۢبِـُٔونِي بِأَسۡمَآءِ هَٰٓؤُلَآءِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٣١﴾ قَالُواْ سُبۡحَٰنَكَ لَا عِلۡمَ لَنَآ إِلَّا مَا عَلَّمۡتَنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣٢﴾ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ أَنۢبِئۡهُم بِأَسۡمَآئِهِمۡۖ فَلَمَّآ أَنۢبَأَهُم بِأَسۡمَآئِهِمۡ قَالَ أَلَمۡ أَقُل لَّكُمۡ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ غَيۡبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَأَعۡلَمُ مَا تُبۡدُونَ وَمَا كُنتُمۡ تَكۡتُمُونَ ﴿٣٣﴾ وَإِذۡ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ أَبَىٰ وَٱسۡتَكۡبَرَ

*ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى (ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى) ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «(خەلىپە بولۇشقا ئادەمدىن بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى [31]. پەرىشتىلەر: «ئى رەببىمىز! بىز سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، شەكسىزكى، سەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى [32]. ئاللاھ: «ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى① ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: «مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى شەكسىز بىلىپ تۇرىمەن، سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى [33]. ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق②، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە*

***قىلغىلى) ئۇنىمدى③ ، تەكەببۇرلۇق قىلدى،***

① بۇ يەردىكى «نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى» دېگەندىن شەخسلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ ناملىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پايدىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىلىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئىلىمنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىلەر بىلەلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بايان قىلىپ بېرىشنى بۇيرىغان. مۇشۇ تەرىقىدە ئاللاھ تائالا بىرىنچىدىن، پەرىشتىلەرگە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىكى مەقسەتنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەردى. ئىككىنچىدىن، دۇنيانىڭ نىزامىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پەزىلىتىنى بايان قىلدى. پەرىشتىلەرگە بۇ ھېكمەت ۋە ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ئايان بولىۋېدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم ۋە چۈشەنچىدىكى ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتى. پەرىشتىلەرنىڭ بۇ ئېتىراپ قىلىشىدىن يەنە شۇنداق بىر نەرسە ئايان بولدىكى، غەيبنى بىلگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر، ئاللاھنىڭ خىللانغان بەندىلىرىمۇ، ئاللاھ ئۇلارغا قانچىلىك بىلدۈرگەن بولسا، شۇنى بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن زىيادە بىلمەيدۇ.

② ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمي ئارتۇقچىلىقى ئايان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا ئەمر قىلىندى، بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن يەنە بىر شەرەپ ۋە ھۆرمەت ئىدى. سەجدىنىڭ مەنىسى بويسۇنۇش ۋە ئاجىزلىقنى ئىپادىلەش بولۇپ، بويسۇنۇشنىڭ ئەڭ ئېنىق ئىپادىسى پىشانىنى يەرگە تەگكۈزۈشتۇر. (تەپسىرى قۇرتۇبى). ئىسلام شەرىئىتىدە ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە سەجدە قىلىش جايىز بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى ئۆزىنىڭ ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم» دېگەن. (سۈنەنى تىرمىزى 1159-ھەدىس) پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئادەمگە سەجدە قىلدى، بۇ سەجدە ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى پەرىشتىلەرگە ئايان قىلىندى. بۇ يەردە بويسۇنۇش ئاللاھ تائالاغا؛ سەجدە قىلىش ئادەمگە ئىدى. چۈنكى بۇ ئىبادەت ئۈچۈن قىلىنغان سەجدە ئەمەس، بەلكى سالام قىلىش ۋە ھۆرمەتلەش ئۈچۈن قىلىنغان سەجدە ئىدى. ھازىر ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىنمۇ ھېچكىمگە سەجدە قىلىشقا بولمايدۇ.

③ ئىبلىس سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ

دەرگاھىدىن قوغلاندى. قۇرئاندىكى بايانلارغا ئاساسەن، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىززەتلەپ پەرىشتىلەر قاتارىغا قوشقانىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىبلىسمۇ پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ سەجدە قىلىشى لازىم ئىدى، لېكىن ئۇ ھەسەتخورلۇق ۋە كىبىرلىك قىلىپ سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى. بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى گۇناھ بولۇپ، ئۇ گۇناھنى سادىر قىلغۇچى ئىبلىس ئىدى.

وَكَانَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٣٤ وَقُلۡنَا يَٰٓـَٔادَمُ ٱسۡكُنۡ أَنتَ وَزَوۡجُكَ ٱلۡجَنَّةَ
وَكُلَا مِنۡهَا رَغَدًا حَيۡثُ شِئۡتُمَا وَلَا تَقۡرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا
مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ٣٥ فَأَزَلَّهُمَا ٱلشَّيۡطَٰنُ عَنۡهَا فَأَخۡرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا
فِيهِۖ وَقُلۡنَا ٱهۡبِطُواْ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ وَلَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ
مُسۡتَقَرّٞ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ ٣٦ فَتَلَقَّىٰٓ ءَادَمُ مِن رَّبِّهِۦ كَلِمَٰتٖ فَتَابَ
عَلَيۡهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ٣٧

***ۋە كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى① [34]. بىز (ئادەمگە): «ئى ئادەم! سەن ئاياللىڭ (ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرغىن!② سىلەر جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)③، بولمىسا ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدۇق [35]. شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى④ (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقارغۇزدى. بىز (ئادەم، ھەۋۋا ۋە ئىبلىسقا) «بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن ھالدا⑤ (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە سىلەرگە ۋاقىتلىق (ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش بار» دېدۇق [36]. ئادەم رەببىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى ۋە تەۋبە قىلدى)⑥، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى،***

*ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [37].*

① يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە تەقدىرىدە كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.

② ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا جەننەتنى تۇرار جاي قىلىپ بەردى. بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن يەنە بىر شەرەپ ۋە ھۆرمەت ئىدى.

③ بۇ دەرەخنىڭ قايسى خىل دەرەخ ئىكەنلىكى توغرىسىدا قۇرئان ۋە ھەدىستە ئوچۇق دەلىل يوق. بۇغداي ئىدى، دېگەن گەپ مەشھۇر بولۇپ قالغان، ئەمما ئۇ گەپنىڭ مەنبەسى يوق. بىزگە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېنىقلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ھەم ئۇنىڭ پايدىسىمۇ يوق.

④ شەيتان جەننەتكە كىرىپ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانى يۈز تۇرانە تېپىلدۇردىمۇ ياكى ۋەسۋەسە قىلىش ئارقىلىق ئازدۇردىمۇ، بۇ ھەقتە ئوچۇق بىر ئېنىقلىما يوق. شەيتان سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان چاغدا مەن ئادەمدىن ياخشىراق دەپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى ئۆزىنىڭ رايى بويىچە قارار چىقىرىپ، سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى. شۇنىڭدەك بۇ ئورۇندىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ «يېقىنلاشماڭلار» دېگەن ئەمرىگە قارشى ئۆزىنىڭ رايى ۋە قىياسى بويىچە ئىش قىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەئرافتا بايان قىلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپ ئۆز خاھىشىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ئۆز رايى بويىچە قىياس قىلىش، ئايەت تېكىستىنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەممىدىن بۇرۇن شەيتان ئۆتكۈزگەن جىنايەتتۇر. ئاللاھقا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز.

⑤ بۇ يەردىكى دۈشمەنلىشىش دېگەندىن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن شەيتان ئارىسىدىكى دۈشمەنلىشىش كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى ياكى ئادەم باللىرى ئۆزئارا بىر-بىرىگە دۈشمەن دېيىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

⑥ ئادەم ئەلەيھىسسالام پۇشايمان بىلەن دۇنياغا چۈشۈپ، تەۋبە-ئىستىغفار بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا رەھىم-شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا سۈرە ئەئرافتا بايان قىلىنغان

تەۋبە دۇئاسىنى ئۆگەتتى: ﴿رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾. (سۈرە ئەئراف 23-ئايەت) بەزى كىشىلەر بۇ يەردە بىر زەئىپ ھەدىسنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، «ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەرشىگە " لَا إِلٰهَ إِلَّا اللهُ مُحَمَّدٌ رَسُوْلُ اللهِ" دەپ يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغان، شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەپۇ قىلغان». (زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمى، 25-ھەدىس) بۇ رىۋايەتنىڭ ئاساسى يوقتۇر. بۇ قۇرئانغا خىلاپ سۆز بولۇپلا قالماي يەنە ئاللاھ كۆرسەتكەن ئۇسۇلغىمۇ خىلاپتۇر. بارلىق پەيغەمبەرلەر ھەمىشە بىۋاستە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان، قايسى بىر ۋەلى، بۇزرۇكۋارنى ۋاستە ياكى ۋەسىلە تۇتمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشلىق ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئا قىلىش ئۇسۇلى بىر خىل بولۇپ، ئۇ ئۇسۇل ھېچكىمنى ۋاستە ياكى ۋەسىلە قىلماستىن، بىۋاستە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئىلتىجا قىلىشتۇر.

قُلْنَا ٱهْبِطُوا۟ مِنْهَا جَمِيعًا ۖ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّى هُدًى فَمَن تَبِعَ
هُدَاىَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٣٩﴾
يَٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتِىَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُوا۟
بِعَهْدِىٓ أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّٰىَ فَٱرْهَبُونِ ﴿٤٠﴾

*بىز (ئۇلارغا) «ھەممىڭلار ئۇنىڭدىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن ھىدايەت كەلگەن چاغدا، مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ» دېدۇق [38]. كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار - ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ① [39]. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!② مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلەڭلار، ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت - ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ*

*سىلەرگە قىلغان (ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، سىلەر مەندىنلا قورقۇڭلار [40].*

① دۇئاسى قوبۇل بولغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى قايتا جەننەتكە كىرگۈزۈشنىڭ ئورنىغا، دۇنيادا ياشاپ، جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇنىڭ بالىلىرىغا جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ، پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق مېنىڭ تەرىپىمدىن سىلەرگە ھىدايەت (ھايات كەچۈرۈش نىزامى ۋە تەلىماتى) كېلىدۇ، كىمكى ئۇنى قوبۇل قىلىدىكەن، جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىسا، ئازابقا لايىق بولىدۇ، دېگەن قانۇنىيەتنى بايان قىلدى. دېمەك ئاللاھنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرگە ئاخىرەتكە ئالاقىدار ئىشلاردا «قورقۇنچ بولمايدۇ». دۇنيادا ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن «غەم قىلىش، قايغۇرۇش بولمايدۇ». يەنە بىر ئايەتتە ﴿ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ﴾. (سۈرە تاھا 123 ـ ئايەت) دېدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر). بۇ «قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ» دېگەن ماقامغا ھەربىر سادىق مۇئمىن ئېرىشىدۇ. بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرىلا ئېرىشىدىغان ماقام ئەمەس. بەزىلەر بۇ «ماقام» ئۇقۇمىنى ئەۋلىيالارغا خاس دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، بارلىق مۇئمىنلەر ۋە تەقۋادارلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرىدۇر، «ئەۋلىيا» باشقىچە بىر مەخلۇق ئەمەس، ئەمما ئەۋلىيالارنىڭ دەرىجىلىرى پەرقلىق بولىدۇ.

② «ئىسرائىل» دېگەن ئاللاھنىڭ بەندىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ فامىلىسى ئىدى. يەھۇدىيلار بەنى ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇلاردىن ئون ئىككى قەبىلە شەكىللەنگەن بولۇپ، كۆپ ساندىكى پەيغەمبەرلەر شۇلاردىن كەلگەن، يەھۇدىيلارنىڭ تارىخ، ئىلىم ـ پەن ۋە دىن جەھەتتە ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقلىرى بار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئىلگىرىكى نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى شۇكى، سىلەر ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. سىلەر بۇ ۋەدەڭلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرساڭلار، مەنمۇ ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن.

خاتالىقلىرىڭلار تۈپەيلى جازالاش يۈزىسىدىن بېرىلگەن ئۈستۈڭلاردىكى ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلىنىدۇ، سىلەر قايتىدىن روناق تاپىسىلەر. مەندىن قورقۇڭلار، بولمىسا ئاتا-بوۋاڭلار خارلىققا دۇچار بولغاندەك، سىلەرمۇ ھەمىشە خارلىقتا قالىسىلەر.

وَءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلْتُ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَكُمْ وَلَا تَكُونُوٓاْ أَوَّلَ كَافِرِۭ
بِهِۦۖ وَلَا تَشْتَرُواْ بِـَٔايَٰتِى ثَمَنًا قَلِيلًا وَإِيَّٰىَ فَٱتَّقُونِ ﴿٤١﴾ وَلَا تَلْبِسُواْ
ٱلْحَقَّ بِٱلْبَٰطِلِ وَتَكْتُمُواْ ٱلْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٤٢﴾ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ
وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱرْكَعُواْ مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾ ۞ أَتَأْمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلْبِرِّ
وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ ٱلْكِتَٰبَۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٤٤﴾

***مەن قولۇڭلاردىكى (تەۋرات)نى تەستىقلىغۇچى قىلىپ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار①، ئايەتلىرىمنى (بۇرمىلاپ) ئەرزان باھادا (ئازغىنە مەنپەئەتكە) سېتىۋەتمەڭلار②، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار [41]. ھەقنى باتىلغا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار [42]. نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، (ئاللاھقا) رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار [43]. كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ قالامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ [44].***

① ﴿بِهِۦ﴾ «ئۇنى» دېگەن ئالماش قۇرئاننى ياكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرسىتىدۇ. ھەر ئىككىسى توغرا، چۈنكى ھەر ئىككىسى ئۆز ئارا بىر-بىرىگە باغلانغان. كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ، كىمكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىنكار قىلسا، قۇرئاننى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)،

«بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار» دېگەنىنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، سىلەر (يەنى كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر) مۇھەممەد پەيغەمبەرنى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، سىلەر ئۇ توغرۇلۇق باشقىلار بىلمىگەن بىلىملەرنى بىلىسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار ھەممىدىن ئېغىردۇر، دېگەنلىكتۇر. ئىككىنچى مەنىسى شۇكى، گەرچە مەدىنىدە ھىجرەتتىن ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ بولغان بولسىمۇ، ھەممىدىن بۇرۇن يەھۇدىيلار مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىنغان. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا: سىلەر كىتاب بېرىلگەنلەر ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ كاپىر بولماڭلار، بولمىسا، بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ كاپىر بولغانلىق گۇناھى سىلەرگە بولىدۇ، دەپ تەنبىھ بېرىلدى.

② ﴿ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار﴾ دېگەنىنىڭ مەنىسى قىممەت باھادا سېتىۋەتسەڭلار بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ماددىي مەنپەئەتنى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويماڭلار، دېگەنلىكتۇر. ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرى شۇ قەدەر قىممەتلىكتۇركى، پۈتۈن دۇنيانىڭ مال-مۈلۈكلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. بۇ ئايەتتە ئەسلىي خىتاب قىلىنغۇچىلار ئىسرائىل ئەۋلادى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھۆكۈم قىيامەتكىچە كېلىدىغانلار ئۈچۈن ئومۇمىيدۇر. ھەقنى يوشۇرغان، باتىلنى ھەق دەپ كۆرسەتكەن، ئىلىمنى يوشۇرغان، دۇنيا مەنپەئەتنى كۆزلەپ ھەقىقەتنى ئىزھار قىلىشتىن يالتايغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تەنبىھ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىچىگە كىرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى ٱلۡخَٰشِعِينَ ﴿٤٥﴾ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَأَنَّهُمۡ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ ﴿٤٦﴾ يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَنِّي فَضَّلۡتُكُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾

***سەۋر ۋە ناماز بىلەن (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار①. شەكسىزكى، ناماز ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك (ئېغىر) ئىشتۇر② [45]. (ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلار) رەببىگە***

***چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر [46]. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى (بىر زامانلاردا) پۈتكۈل جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار③ [47].***

① سەۋر ۋە ناماز مۆئمىننىڭ ئىككى چوڭ قورالىدۇر. ھەربىر مۆئمىن ناماز ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بىلەن ئالاقە باغلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ. سەۋر ئارقىلىق ئىرادىسى كۈچىيىدۇ ھەم دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر مۈشكۈل ئىشقا دۇچ كەلسە، دەرھال نامازغا ئىلتىجا قىلاتتى». (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 1319 ـ ھەدىس ۋە سەھىھ ئەلجامىئىل سەغىير 4703 ـ ھەدىس)

② نامازغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىش نۇرغۇن ئىنسانلارغا قىيىندۇر. لېكىن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ئەيمىنىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن ئاساندۇر. ھەتتا ناماز ئۇلارنىڭ كۆڭۈل خاتىرجەملىكى ھەم راھىتىدۇر. ئۇلار قانداق كىشىلەر؟ ئۇلار قىيامەتكە جەزمەن ئىشىنىدىغانلاردۇر. چۈنكى، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ياخشى ئەمەللەرنى ئاسانلاشتۇرىدۇ؛ ئاخىرەتتىن غەم قىلماسلىق ئىنساننى ئەمەلسىز، ھەتتا غاپىل قىلىپ قويىدۇ.

③ بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئىسرائىل ئەۋلادىغا بېرىلگەن نېمەتلەر ئۆزلىرىگە ئەسلىتىلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا: قىيامەت كۈنىدىن قورقۇڭلار، ئۇ كۈندە ھېچكىم ھېچكىمگە ئەسقاتمايدۇ، ۋاسىتە ۋە تونۇشتۇرۇش قوبۇل قىلىنمايدۇ. تۆلەم بېرىپ قۇتۇلغىلىمۇ بولمايدۇ، ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پۈتۈن جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىدىن ئىبارەت يەنە بىر نېمىتىنى بايان قىلدى. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن ئىلگىرى ئىسرائىل ئەۋلادى «پۈتۈن جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن» ئىدى. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئارتۇقچىلىقىنى يوقىتىپ قويدى، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە «ئەڭ ياخشى ئۈممەت» دېگەن شەرەپنى ئاتا قىلدى. بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ نېمىتىنىڭ بىرەر قەۋمگە خاس نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىمان ۋە ئەمەل ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەرسە ئىكەنلىكى، ئىمان ۋە ئەمەل بولمىسا، بۇ

نىمەتنىڭ تارتىۋېلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدى. يەھۇدىيلار: «بىز ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى، شۇڭا ئاللاھ بىزنى ئازابلىمايدۇ» دەپ ئۆزلىرىنى ئالدىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىپ، قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارغا ھېچكىم ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ئۆزنى ئالداش خاتالىقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىنمۇ سادىر بولدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى (ئەھلى سۈننە ئەقىدىسى بويىچە شاپائەت ھەقتۇر) ۋاستە قىلىپ، ئۆزىنىڭ يامان ئەمەللىرىنى جائىز دەپ قارايدىغانلار پەيدا بولدى. شۇنداق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن چوقۇم شاپائەت قىلىدۇ، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، (بۇ سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەندۇر) لېكىن دىندا يوق ئىشنى پەيدا قىلغانلارنىڭ شاپائەتتىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىمۇ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. نۇرغۇن گۇناھكارلارغا جەھەننەمدە جازا بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن جەھەننەمدىن چىقىرىلىدۇ، لېكىن جەھەننەمنىڭ ئاشۇ بىر نەچچە كۈنلۈك ئازابىغا قانداقمۇ چىداپ كەتكىلى بولسۇن؟ ئەجەبا بىز شاپائەتكە ئېرىشكۈچىلەرمىز دەپ، گۇناھ-مەئسىيەتنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسەك توغرا بولارمۇ؟

وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا
شَفَٰعَةٞ وَلَا يُؤۡخَذُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٤٨﴾ وَإِذۡ نَجَّيۡنَٰكُم
مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَسُومُونَكُمۡ سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبۡنَآءَكُمۡ
وَيَسۡتَحۡيُونَ نِسَآءَكُمۡۚ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَآءٞ مِّن رَّبِّكُمۡ عَظِيمٞ ﴿٤٩﴾ وَإِذۡ
وَٰعَدۡنَا مُوسَىٰٓ أَرۡبَعِينَ لَيۡلَةٗ ثُمَّ ٱتَّخَذۡتُمُ ٱلۡعِجۡلَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَنتُمۡ
ظَٰلِمُونَ ﴿٥١﴾

***كىشى كىشىگە قىلچىلىك ئەسقاتمايدىغان، (ئاللاھ ئىجازەت بەرمىگۈچە) ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، كاپىرلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار [48]. ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى پىرئەۋن***

***گۇرۇھىدىن قۇتقۇزغان ئىدۇق①. ئۇلار سىلەرگە ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) ھايات قالدۇراتتى. (بېشىڭلارغا كەلگەن ئاشۇ ئىشتا رەببىڭلارنىڭ چوڭ سىنىقى بار ئىدى [49]. ئۆز ۋاقتىدا بىز دېڭىزنى سىلەر ئۈچۈن يېرىپ (يول ئېچىپ)② سىلەرنى قۇتقۇزغان ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلغان ئىدۇق (يەنى دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، قۇرۇق يول ھاسىل قىلىپ، شۇ يەردىن سىلەرنى سالامەت ئۆتكۈزدۇق) [50]. ئۆز ۋاقتىدا بىز مۇساغا 40 كېچە (كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى بېرىشنى) ۋەدە قىلغان ئىدۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ، موزاينى مەبۇد قىلىۋالغان ئىدىڭلار③ [51].***

① ﴿اٰلِ فِرْعَوْنَ﴾ «فىرئەۋن خاندانى» دېگەندە فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ خاندانىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا كېيىنكى ئايەتتە ﴿فىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلغان ئىدۇق﴾ دېيىلدى. غەرق بولغۇچىلار فىرئەۋننىڭ خاندانىدىكىلەرلا ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە باشقا ئەگەشكۈچىلىرىمۇ بار ئىدى. قۇرئاندا " آلَ " ئەگەشكۈچىلىرى ۋە گۇرۇھى دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان، بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەھزابتا كېلىدۇ.

② سۈرە شۇئەرادا بايان قىلىنغاندەك دېڭىزنىڭ يېرىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن يولنىڭ ھاسىل بولۇشى بىر مۆجىزە ئىدى. «سىر سەييىد ئەھمەدخان» قاتارلىق بىر قىسىم مۆجىزە ئىنكارچىلىرى دەۋا قىلغاندەك، دېڭىز سۈيى ئاينىڭ تارتىش كۈچى سەۋەبىدىن كۆتۈرۈلگەن ئەمەس.

③ موزايغا چوقۇنۇش ۋەقەسى ئىسرائىل ئەۋلادى فىرئەۋن گۇرۇھىدىن قۇتۇلۇپ، سىنا يېرىم ئارىلىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن. ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن 40 كېچە تۇر تېغىغا چاقىردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادى سامىرىغا ئەگىشىپ، موزايغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. ئىنساننىڭ كۆرگەن نەرسىگە ئەگىشىش خاراكتېرى ۋە تەسىرىگە قاراڭ! ئىسرائىل ئەۋلادى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان

كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، پەيغەمبەرلىرى (ھەزرىتى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار) ھايات تۇرسىمۇ، موزايىنى ئۆزلىرىگە «مەبۇد» قىلىۋالدى. بۈگۈنكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارمۇ شېرىك ئەقىدىلەر ۋە ئەمەللەرگە ئېغىر دەرىجىدە مۇپتىلا بولدى. شۇنداق تۇرۇپ يەنە ئۇلار: مۇسۇلمان قانداقمۇ مۇشرىك بولۇپ قالىدۇ؟ دەيدۇ. بۇ خىلدىكى مۇشرىك مۇسۇلمانلار بۇتقا چوقۇنۇشنىلا شېرىك، پەقەت بۇتقا چوقۇنغانلارنىلا مۇشرىك دەپ تونۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مازارلىقلارغا بېرىپ قەبرىدىكىلەردىن مەدەت تىلىگەنلىكلىرى بۇتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

ثُمَّ عَفَوۡنَا عَنكُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٥٢﴾ وَإِذۡ
ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡفُرۡقَانَ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ﴿٥٣﴾ وَإِذۡ قَالَ
مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ إِنَّكُمۡ ظَلَمۡتُمۡ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلۡعِجۡلَ
فَتُوبُوٓاْ إِلَىٰ بَارِئِكُمۡ فَٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ عِندَ
بَارِئِكُمۡ فَتَابَ عَلَيۡكُمۡۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥٤﴾ وَإِذۡ قُلۡتُمۡ
يَٰمُوسَىٰ لَن نُّؤۡمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهۡرَةٗ فَأَخَذَتۡكُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ
وَأَنتُمۡ تَنظُرُونَ ﴿٥٥﴾

***شۇنىڭدىن كېيىن، (ئەقىل تېپىپ) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئەپۇ قىلغان ئىدۇق. [52] ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ۋە (ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى) فۇرقاننى (يەنى مۆجىزىنى) بەردۇق① [53]. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزايىنى مەبۇد قىلىۋېلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ئەمدى سىلەر ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلىرىڭلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن ئىدى. (سىلەر بۇنى ئورۇندىدىڭلار) شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى***

***مېھرىباندۇر② [54]. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر: «ئى مۇسا! بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار ـ دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ (قاراپ) تۇرغان چېغىڭلاردا③ سىلەرنى چاقماق سوقتى [55].***

① بۇ يەردە «كىتاب» (يەنى تەۋرات) فۇرقان دەپ ئىپادىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھەر قانداق ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن كىتاب ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى «فۇرقان» بولىدۇ ياكى ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر «فۇرقان» دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى مۆجىزىلەرمۇ ھەق ۋە باتىلنى تونۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ قۇلزۇم دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىنكى ۋەقەدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قىلمىشىنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغاندا، ئۇلار تەۋبە قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ﴿تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن﴾ دېگەن تەۋبە قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ﴿فَاقْتُلُوٓا اَنْفُسَكُمْ﴾ «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل تەپسىرى بار: بىرىنچىسى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككى سەپكە تۇرغۇزۇلدى، ئاندىن بىر-بىرىنى ئۆلتۈردى. ئىككىنچىسى، موزايغا ئىبادەت قىلغانلار ئۆرە تۇرۇشقا بۇيرۇلدى. ئاندىن موزايغا ئىبادەت قىلمىغانلارغا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىلدى. شۇ تەرىقىدە بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈردى. ئۆلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 70 مىڭ كىشى ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

③ سۈرە ئەئراف 155-ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىدىن 70 ئادەمنى تاللاپ، موزايغا چوقۇنغانلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۈچۈن تۇر تېغىغا ئېلىپ بارغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قايتىدىغان چاغدا ئۇلار: ﴿ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾، دېدى. بۇ تۈپەيلى ئۇلارنى چاقماق سوقتى ۋە ھەممىسى ئۆلدى. بۇ ئىشقا مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتتىق پەرىشان بولدى، ئاللاھ تائالاغا ئۇلارنىڭ تىرىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىگىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈردى. ﴿(سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ (قاراپ) تۇرغان چېغىڭلاردا سىلەرنى چاقماق سوقتى﴾ دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، دەسلەپتە چاقماق سوققانلارنى كېيىن

چاقماق سوققانلار كۆرۈپ تۇردى، ھەتتا ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى.

ثُمَّ بَعَثۡنَٰكُم مِّنۢ بَعۡدِ مَوۡتِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ۝٥٦ وَظَلَّلۡنَا
عَلَيۡكُمُ ٱلۡغَمَامَ وَأَنزَلۡنَا عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَنَّ وَٱلسَّلۡوَىٰۖ كُلُواْ مِن
طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡۚ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ
يَظۡلِمُونَ ۝٥٧ وَإِذۡ قُلۡنَا ٱدۡخُلُواْ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةَ فَكُلُواْ مِنۡهَا حَيۡثُ
شِئۡتُمۡ رَغَدٗا وَٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ سُجَّدٗا وَقُولُواْ حِطَّةٞ نَّغۡفِرۡ لَكُمۡ
خَطَٰيَٰكُمۡۚ وَسَنَزِيدُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ۝٥٨

**ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈردۇق [56]. بىز سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجۇبىل (ھالۋىسى) بىلەن بۆدۈنە (كاۋىپى)نى چۈشۈرۈپ بېرىپ①: «بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەڭلار» (دېدۇق). ئەمما ئۇلار (نېمەتلىرىمىزگە تۇزكورلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى [57]. ئۆز ۋاقتىدا (مۇسا ئارقىلىق ئەجدادلىرىڭلارغا): «بۇ شەھەرگە② كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەڭلار، (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار③، ‹(ئى رەببىمىز!) بىزنى كەچۈرگىن› دەڭلار④، (شۇنداق قىلساڭلار) خاتالىقىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، (ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا (مۇكاپاتنى) تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدۇق [58].**

① كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئاسماندىن رىزىق چۈشۈرۈپ بېرىش ۋەقەسى مىسىر بىلەن شام ئارىسىدىكى تىيھ دېگەن چۆلدە يۈز بەرگەن. ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادى ئەمالىقەلىكلەرنىڭ زېمىنىغا كىرىش ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقان، بۇنىڭ جازاسىغا ئۇلار قىرىق يىلغىچە تىيھ چۆلىدىن چىقالماي يۈرگەن، شۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن رىزىق چۈشۈرۈلگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر

بۇ يەردىكى خاسلاشتۇرۇشنى توغرا ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى سىنا چۆلىگە چۈشكەندىن كېيىن ھەممىدىن بۇرۇن سۇ بىلەن تاماق مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن، شۇ ۋاقىتتىلا ئاسماندىن رىزىق چۈشۈرۈلگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿الْمَنَّ﴾ تەرەنجۇبىل ياكى ئۇ دەرەخ ياكى تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان شەبنەم بولۇپ، ھەسەلدەك تاتلىق ئىدى، قۇرۇسا سېغىزدەك بولۇپ قالاتتى، دەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى ھەسەل ياكى تاتلىق سۇ دەپ قارايدۇ. " مَنَّ " سۆز يىلتىزى بولۇپ، " مَمْنُوْنٌ بِـهِ " تولدۇرغۇچى مەنىسىدە يەنى ئېھسان قىلىنغان نېمەت دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئادەتتە ھەممە نېمەت ئاللاھ تائالانىڭ ئېھسانىدۇر. لېكىن ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن كىشىلەر تىرىشىپ، ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى " مَنَّ " ھېچكىمنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەمگىكىسىز ھاسىل بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى " مَنَّ" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. (فەتھۇلبارى، 5708-ھەدىس) بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەدىسلىرىدە «گۈمبەمەدەك-مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن تەرەنجۇبىلنىڭ بىر تۈرىدۇر، ئۇنىڭ سۈيى كۆزگە شىپادۇر» دېيىلگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 4478-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2049-ھەدىس) دېمەك بۇ رىزىق ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھەر ۋاقىت جاپا-مۇشەققەتسىز كېلىپ تۇرغاندەك، گۈمبەمەدەكنى ھېچكىم تىكمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالاتتى. (تەپسىر ئەھسەن تەپاسىر) ﴿السَّلْوٰى﴾ دېگەن چىل تۈرىدىكى بىر خىل قۇش ياكى قۇشقاچقا ئوخشاش بىر ئۈچار قانات ئىدى، ئۇلار ئۇنى بوغۇزلاپ يەيتتى. (فەتھۇلقەدىر).

② كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى «شەھەر» بەيتۇلمۇقەددەسنى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇ يەردىكى «سەجدە قىلغان ھالدا كىرىش» دېگەندىن بەزى مۇپەسسىرلەر ئېگىلىپ كىرىش مەقسەت قىلىنغان دېسە، بەزىلەر ئۇنىڭدىن شۈكۈر سەجدىسى قىلىپ كىرىش مەقسەت قىلىنغان دەيدۇ. قىسقىسى بۇ شەھەرگە ئاللاھقا كەمتەرلىكلىرىنى ئىزھار قىلغان، ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە شۈكۈر قىلغان ھالدا كىرىڭلار، دېمەكتۇر.

④ ﴿حِطَّةٌ﴾نىڭ مەنىسى «گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن» دېمەكتۇر.

فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ قَوْلًا غَيْرَ ٱلَّذِي قِيلَ لَهُمْ فَأَنزَلْنَا عَلَى ٱلَّذِينَ
ظَلَمُواْ رِجْزًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ يَفْسُقُونَ ﴿٥٩﴾ ۞ وَإِذِ ٱسْتَسْقَىٰ
مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ فَقُلْنَا ٱضْرِب بِّعَصَاكَ ٱلْحَجَرَ ۖ فَٱنفَجَرَتْ مِنْهُ ٱثْنَتَا
عَشْرَةَ عَيْنًا ۖ قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ ۖ كُلُواْ وَٱشْرَبُواْ مِن رِّزْقِ
ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْاْ فِي ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿٦٠﴾ وَإِذْ قُلْتُمْ يَٰمُوسَىٰ لَن نَّصْبِرَ
عَلَىٰ طَعَامٍ وَٰحِدٍ فَٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلْأَرْضُ
مِنۢ بَقْلِهَا وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا ۖ قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ
ٱلَّذِي هُوَ أَدْنَىٰ بِٱلَّذِي هُوَ خَيْرٌ ۚ ٱهْبِطُواْ مِصْرًا فَإِنَّ لَكُم مَّا
سَأَلْتُمْ ۗ ﴿٦١﴾

***(ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى① باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى، (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقى (يەنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقى) سەۋەبلىك ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب② چۈشۈردۇق [59]. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. (مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى)، تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى③، ھەر ئايماق (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا) «ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (دېدۇق) [60]. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (سىنا چۆلىدە شۇنچە ئېسىل نېمەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىپ تۇرۇپ): «ئى مۇسا! بىز بىر خىللا يېمەكلىك بىلەن ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمىز، سەن بىز ئۈچۈن رەببىڭگە دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن (بولۇپمۇ) تەرخەمەك، سامساق، يېسمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېگەن ئىدىڭلار، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىۋىل بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟ ئۇنداقتا) سىلەر بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، تىلىگىنىڭلار (شۇ يەردە) بار» دېدى④.***

① بۇ «سۆز» بىر ھەدىستە ئىزاھلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسرائىل ئەۋلادىغا سىلەر ئىشىكتىن (ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىگە) شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار دەپ بۇيرۇلغان ئىدى، لېكىن ئۇلار (ئىشىكتىن) ساغرىسىنى يەرگە سۈركەپ كەينىچىلاپ كىردى. كىرىۋاتقاندا ﴿حِطَّةٌ﴾ يەنى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، دەپ بۇيرۇلغان ئىدى، لېكىن ئۇلار دېيىشكە بۇيرۇلغان سۆزنى (باشقا بىر ئاھاڭداش سۆزگە) ئالماشتۇرۇپ " حِنْطَةٌ " ‹بۇغداينىڭ دېنى› دەپ كىردى.» (سەھىھۇل بۇخارى 4479_ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 3015_ھەدىس) بۇنىڭدىن ئۇلاردىكى سەركەشلىك ۋە بويۇنتاۋلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى-پەرمانىنى قانداق مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، قايسىبىر مىللەتنىڭ ئىستىلى بۇزۇلۇپ، زاۋاللىققا يۈزلەنسە، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

② بۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئازاب قانداق ئازاب ئىدى؟ بەزى ئۆلىمالار «بۇ ئازاب ئاللاھنىڭ غەزىپى، قاتتىق ئۈششۈك، ياكى تائۇن (ۋابا كېسىلى) دۇر» دېدى. ئۇنىڭ ۋابا كېسىلى ئىكەنلىكى بۇ ھەدىستىن ئايان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «‹تائۇن› (يەنى ۋابا، تارقىلىشچان كېسەل) دېگەن سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرگە بېرىلگەن بىر تۈرلۈك ئازابتۇر. ‹تائۇن› سىلەر تۇرىۋاتقان جايدا پەيدا بولسا، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار، ئەگەر باشقا بىر شەھەردە بارلىقى مەلۇم بولسا، ئۇ يەرگە بارماڭلار.» (سەھىھ مۇسلىم 2218_ھەدىس)

③ بۇ ۋەقە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە تىيە چۆلدە، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە سىنا چۆلىدە يۈز بەرگەندۇر. ئۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇشقا بۇيرىدى، شۇنىڭ بىلەن تاشتىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ئۇلارمۇ ئون ئىككى قەبىلە ئىدى، ھەربىر قەبىلە بىردىن بۇلاقتىن سۇ ئىچىشكە باشلىدى، بۇمۇ ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغان يەنە بىر مۆجىزە ئىدى.

④ بۇ بۇيرۇقمۇ تىيە چۆلدە چۈشكەن. بۇ يەردىكى ﴿مِصْرًا﴾ دېگەن سۆزدە مىسىر مەملىكىتى ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر شەھەر كۆزدە

تۇتۇلغان. يەنى بۇ يەردىن باشقا بىر شەھەرگە بېرىڭلار، ئۇ يەردە دېھقانچىلىق قىلىڭلار، ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن كۆكتاتلار، يېسىمۇق ئۆستۈرۈپ يەڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى نېمەتكە ئىنكار قىلىش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن ئۇسلۇبتا ئۇلارغا: ﴿(شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار﴾ دېدى.

وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ وَٱلۡمَسۡكَنَةُ وَبَآءُو بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۗ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ

***ئۇلار خارلىققا، موھتاجلىققا مەھكۇم قىلىندى. ئاللاھ تەرەپتىن غەزەپكە تېگىشلىك بولدى①. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى② تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقى تۈپەيلىدىن بولدى③ [61]. شەكسىزكى، (بۇ ئۇممەت ئىچىدىكى) مۇئمىنلەر، يەھۇدىيلار④، ناسارالار⑤ ۋە سابىئىيلار⑥ ئارىسىدىن***

① شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇقىرىدا تەپسىلاتى زىكىر قىلىنغان نېمەتلەردىن ئايرىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خارلىق ۋە موھتاجلىققا دۇچار بولدى. شۇ تەرىقىدە ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھ تەرەپتىن غەزەپكە لايىق بولدى. غەزەپمۇ شەپقەتكە ئوخشاش ئاللاھنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ جازالاش ئىرادىسى ياكى جازانىڭ ئۆزى دەپ چۈشەندۈرۈش توغرا بولمايدۇ. قىسقىسى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) غەزەپ قىلدى.

② بۇ يەردە ئۇلارنىڭ خارلىققا دۇچار بولغانلىقى ۋە ئاللاھ تەرەپتىن غەزەبكە تېگىشلىك بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، ئاللاھ تەرەپكە چاقىرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ۋە ھەق يولدىكى دەۋەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈش، ئۇلارغا ئازار بېرىش قاتارلىقلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇشقا سەۋەپ بولىدۇ. ئۆتمۈشتە يەھۇدىيلار مۇشۇ خاتالىق تۈپەيلى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغان ۋە خارلىققا قالغان تۇرسا، بۇگۈنكى كۈندە ئۇ خاتالىقنى سادىر قىلغانلار (مەيلى كىم بولۇشى ۋە قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالارمۇ؟

③ بۇ خارلىق ۋە موھتاجلىققا مەھكۇم قىلىنىشىنىڭ ئىككىنچى سەۋەبىدۇر. ﴿عَصَوا﴾نىڭ مەنىسى، ئاسىيلىق قىلىش، پەرمانغا بويسۇنماسلىق (چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىش) دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿يَعْتَدُونَ﴾ بۇيرۇلغان ئىشلاردا ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش-توسقان ئىشلاردىن يېنىش، بۇيرۇلغان ئىشلارنى قانداق بۇيرۇلغان بولسا، شۇ بويىچە ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرىنى خالىغانچە كېمەيتىۋېتىش ياكى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇشمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا قاتتىق يامان كۆرىدىغان ئىشتۇر.

④ "يهود، هَوادةٌ " «مۇھەببەت» ياكى " تهوُّد " «(تەۋبە قىلىش)»تىن ياسالغان سۆزدۇر. «يەھۇدىيلار» دېگەن بۇ ئىسىم ئەسلىدە ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغانلىقى ياكى بىر-بىرىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى سەۋەبىدىن قويۇلغان. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر يەھۇدىيلار دەپ ئاتىلىدۇ.

⑤ ﴿النَّصٰرٰى﴾ " نصران"نىڭ كۆپلىكىدۇر. " سكران"نىڭ كۆپلىكى " سكارى " بولغاندەك. ﴿النَّصٰرٰى﴾ ئەسلىدە " نصرة " (نۇسرەت ۋە ياردەم بېرىش) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كېلىپ چىققان. «ناسارا» دېگەن بۇ نام ئۇلارغا بىر-بىرىگە نۇسرەت بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن قويۇلغان. ئۇلار يەنە ئەنسار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿نَحْنُ اَنْصَارُ اللّٰهِ﴾ ﴿بىز ئاللاھنىڭ يولىدا ياردەمچىلەرمىز﴾ (سۈرە سەف 14-ئايەت) شۇ ۋەجىدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر ناسارا دەپ ئاتىلىدۇ. خىرىستىئان دېگەن ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە نامىدۇر.

⑥ ﴿الصّٰبِـِٕيْنَ﴾ " صَابِئ"نىڭ كۆپلىكى بولۇپ، بۇلار دەسلەپتە بىر توغرا دىننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان (شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا يەھۇدىيلار ۋە

ناسارالار بىلەن بىر جايدا زىكىر قىلىنغان). لېكىن بىر زامانلاردىن كېيىن پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان بولۇپ كەتكەن ياكى دىنسىز بولۇپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دىنسىز كىشىلەر «سابىئىيلار» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦٢﴾

***ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ① [62].***

① ھازىرقى دەۋردىكى بىر قىسىم مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ئېغىر خاتالاشقان. ئۇلار بۇ ئايەتتىن «دىنلار بىرلىكى» دېگەن خاتا پەلسەپىسىنى چىقىرىشقا ئورۇنغان. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر ئەمەس، بەلكى ھەركىم قايسى بىر دىنغا ئەگەشسە، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ياخشى ئەمەل قىلسا، نىجات تاپىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ ناھايىتى ئازغۇن بىر پەلسەپىدۇر.

بۇ ئايەتنىڭ توغرا تەپسىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ سەركەشلىك ۋە بويۇنتاۋلۇق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئازابقا لايىق بولغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال پەيدا بولىدۇ: ئاشۇ يەھۇدىيلار ئىچىدە ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە توغرا رەۋىشتە ئەگەشكەن ۋە شۇ بويىچە ھايات كەچۈرگەن سالىھ كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارغا ئاللاھ تائالا قانداق مۇئامىلە قىلغان؟ ياكى ئاخىرەتتە ئۇلار قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ يەنى ئۇلار ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشەمدۇ؟ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مەزكۇر مەسىلىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. يەنى يەھۇدىيلارلا ئەمەس، ناسارالار ۋە سابىئىيلارمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ھەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئىدى، ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرەتتە

نىجات تاپقۇچىلاردىن بولىدۇ ۋە ئەمەلگە يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدەك ھازىرقى دەۋردە ئاللاھقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا رەۋىشتە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئېنىقكى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك نېمەتلەرگە لايىق بولىدۇ. ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق بىر توپ كىشىلەرگىلا خاس ئەمەس، مەيلى مۇسۇلمانلار بولسۇن ياكى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار، سابىئىيلار ۋە باشقىلار بولسۇن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئاخىرەتتە ھەممىگە ئادىل ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بەزى مۇرسەل دەرىجىدىكى ئەسەرلەردە بۇ ئۇقۇمنى كۈچلەندۈرىدىغان ھەدىسلەر كەلگەن. مەسىلەن: مۇپەسسىرلەردىن مۇجاھىد سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مەن بىلەن ئۆز دىنىنىڭ تەلىماتى بويىچە ئىبادەت قىلغان، ناماز ئوقۇغان) دىندار كىشىلەر ھەققىدە سورىغان ئىدىم، شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت نازىل بولدى». (تەپسىر ئىبنى كەسىر) قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا سۈرىلىرىدە بۇنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىغان ئايەتلەر بار: ﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر﴾. (سۈرە ئال ئىمران 19-ئايەت)، ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾. (سۈرە ئال ئىمران 85 -ئايەت). ھەدىسلەردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نۇقتىنى ئوچۇق بايان قىلىپ، ئەمدى مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىمان كەلتۈرمەي ھېچكىم نىجات تاپالمايدۇ، دېگەن مەزمۇندا مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ ئۈممەتتىن كىمكى مەيلى ئۇ يەھۇدىي بولسۇن ياكى ناسارا بولسۇن، مەن ھەققىدە ئاڭلاپ، ماڭا ئەۋەتىلگەن نەرسىگە (يەنى مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ۋە قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرمەي ئۆلسە، ئۇ شەكسىز دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 153-ھەدىس)

دېمەك ھازىرقى «دىنلار بىرلىكى» دېگەن سەپسەتە گۇمراھلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ قۇرئان ئايەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ يەنە ئايەتلەرنى ھەدىسلەرگە سېلىشتۇرۇپ چۈشەنمەسلىك بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرۇپ قۇرئاننى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇشمۇ بىر خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەھىھ ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلماي

تۇرۇپ، قۇرئاننى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، دېسەك توغرا بولغان بولىدۇ.

وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُوا۟ مَآ ءَاتَيْنَٰكُم
بِقُوَّةٍ وَٱذْكُرُوا۟ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾ ثُمَّ تَوَلَّيْتُم مِّنۢ بَعْدِ
ذَٰلِكَ ۖ فَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ لَكُنتُم مِّنَ
ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٦٤﴾ وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ ٱلَّذِينَ ٱعْتَدَوْا۟ مِنكُمْ فِى ٱلسَّبْتِ
فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُوا۟ قِرَدَةً خَٰسِـِٔينَ ﴿٦٥﴾ فَجَعَلْنَٰهَا نَكَٰلًا لِّمَا بَيْنَ
يَدَيْهَا وَمَا خَلْفَهَا وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٦٦﴾ وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦٓ
إِنَّ ٱللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تَذْبَحُوا۟ بَقَرَةً ۖ قَالُوٓا۟ أَتَتَّخِذُنَا هُزُوًا ۖ قَالَ أَعُوذُ
بِٱللَّهِ أَنْ أَكُونَ مِنَ ٱلْجَٰهِلِينَ ﴿٦٧﴾

ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويۇپ، سىلەرگە: «(ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (يەنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار)، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار» (دېگەن ئىدۇق)① [63]. شۇنىڭدىن كېيىن (بەرگەن ۋەدەڭلاردىن) يۈز ئۆرۈدۈڭلار (يېنىۋالدىڭلار)، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار [64]. ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى② (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى) سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېگەن ئىدۇق [65]. بىز ئۇنى (يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازانى) زامانداشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلدۇق [66]. (قاتىلى نامەلۇم بىر جىنايەت سادىر بولغان) ۋاقىتتا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھ سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇۋاتىدۇ»③ دېگەن ئىدى. ئۇلار: «سەن بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «(مەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ)

*نادانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى [67].*

① يەھۇدىيلار تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىغا قارىتا ھەددىدىن ئاشقان ھالدا بىز ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالمايمىز، دېگەندە، ئاللاھ تائالا تۇر تېغىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدى، ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۇلار تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشقا ۋەدە بەردى.

② ﴿السَّبْتِ﴾ «شەنبە» كۈنى يەھۇدىيلار بېلىق تۇتۇشتىن، ھەتتا ھەر قانداق دۇنيالىق ئىش-ھەرىكەتتىن چەكلەنگەن ئىدى. لېكىن ئۇلار ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىگە خىلاپلىق قىلدى، شەنبە كۈنى بېلىقلار (ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن) كۆپ كېلەتتى، ئۇلار شەنبە كۈنى كەلگەن بېلىقلار قاچالمىسۇن دەپ تورلارنى سېلىپ قوياتتى، ئاندىن يەكشەنبە كۈنى تورلىرىنى يىغىپ بېلىقلارنى تۇتاتتى.

③ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە بالىسى يوق، مال-مۈلكى ناھايىتى كۆپ بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا جىيەنى بىردىنبىر مىراسخور ئىدى. بىر كېچىسى ئۇ جىيەن ئوغۇل تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بىر كىشىنىڭ ئىشىك ئالدىغا تاشلاپ قويدى، ئەتىگىنى كىشىلەر قاتىلنى تاپالماي، جاۋابكارلىقنى بىر-بىرىگە ئارتىشقا باشلىدى. ئاخىرى ئىش مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، ئۇلار بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇلدى، ئۇلار ئۆلۈكنى كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۇردى. ئاندىن ئۆلۈك تىرىلىپ قوپتى ۋە قاتىلنى كۆرسىتىپ قويۇپلا، يەنە ئۆلدى. (فەتھۇلقەدىر)

قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ لَّا
فَارِضٞ وَلَا بِكۡرٌ عَوَانُۢ بَيۡنَ ذَٰلِكَۖ فَٱفۡعَلُواْ مَا تُؤۡمَرُونَ ﴿٦٨﴾ قَالُواْ
ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوۡنُهَاۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ
صَفۡرَآءُ فَاقِعٞ لَّوۡنُهَا تَسُرُّ ٱلنَّٰظِرِينَ ﴿٦٩﴾ قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن
لَّنَا مَا هِيَ إِنَّ ٱلۡبَقَرَ تَشَٰبَهَ عَلَيۡنَا وَإِنَّآ إِن شَآءَ ٱللَّهُ لَمُهۡتَدُونَ ﴿٧٠﴾
قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ لَّا ذَلُولٞ تُثِيرُ ٱلۡأَرۡضَ وَلَا تَسۡقِي ٱلۡحَرۡثَ

مُسَلَّمَةٌ لَّا شِيَةَ فِيهَا ۚ قَالُوا۟ ٱلْـَٔـٰنَ جِئْتَ بِٱلْحَقِّ ۚ فَذَبَحُوهَا وَمَا
كَادُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٧١﴾ وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَٱدَّٰرَٰٔتُمْ فِيهَا ۖ وَٱللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا
كُنتُمْ تَكْتُمُونَ ﴿٧٢﴾

***ئۇلار: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىنكى، رەببىڭ بىزگە ئۇنىڭ قانداق (كالا) ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا: «ئاللاھ ئۇنى چوقۇم قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى [68]. ئۇلار: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، «ئاللاھ ئۇ كالىنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى» [69]. ئۇلار: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ قانداق (كالا) ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلسۇن، (يەنى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ، ياكى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟) بىز قانداق كالا بوغۇزلايدىغانلىقىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. (ئېنىق بولغاندىن كېيىن) ئاللاھ خالىسا، بىز ئۇنى ئورۇنداشنىڭ يولىنى چوقۇم تاپىمىز» دېيىشتى [70]. مۇسا: «ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەشكە، ئېكىن سۇغۇرۇشقا كۆندۈرۈلمىگەن، بېجىرىم، رەڭگىدە ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق) كالا بولسۇن دەيدۇ» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار (كالىنى) تېپىپ كېلىپ بوغۇزلىدى، ئۇلار (سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇندىيالمىغىلى تاس قالدى① [71]. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇنى بىر ـ بىرىڭلارغا دۆڭگەشكەن ئىدىڭلار. ھالبۇكى، سىلەر يوشۇرغاننى ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر② [72].***

① ئۇلار بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇلار خالىغان بىر كالىنى بوغۇزلىسىلا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرگەن بولاتتى. لېكىن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تېزلا ئەمەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، تۈخۈمدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە ۋە ھەرخىل سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى، ئاللاھ تائالا

ئۆلارغىمۇ ئىشنى تەسلەشتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن دىندا كۆپ سوئال سوراش ۋە قىيىنچىلىق يولىنى تۇتۇش مەنئى قىلىندى.

② بۇ ئىسرائىل ئەۋلادىغا كالا بوغۇزلاش توغرۇلۇق چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك قاتىللىق ۋەقەسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەدىكى كېچىدە يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى پاش قىلدى. بۇ ۋەقە شۇنى بايان قىلىدۇكى، سىلەر ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى ھەر قانچە يوشۇرۇن قىلساڭلارمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى كىشىلەرگە ئاشكارا قىلىشقا قادىردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ئاشكارا، مەيلى مەخپىي بولسۇن، ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا ياخشى ئىش قىلىڭلار، ئەگەر بىر يامان ئىشنى قىلساڭلار، ئۇ ئىش ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا كىشىلەرگە ئاشكارا بولىدۇ، ئۆزۈڭلار شەرمەندە بولۇپ قالىسىلەر، ياخشى ئىش قىلساڭلار ھۆرمەتكە ئېرىشىسىلەر، ياخشى ئىش قىلساڭلار ھۆرمەتڭلارغا ھۆرمەت قوشۇلىدۇ، يامان ئىشنى ھەر قانچە يوشۇرۇپ قىلساڭلارمۇ، پاش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن رەسۋا، شەرمەندە، خار بولۇپ قالىسىلەر.

فَقُلۡنَا ٱضۡرِبُوهُ بِبَعۡضِهَاۚ كَذَٰلِكَ يُحۡيِ ٱللَّهُ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَيُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٧٣﴾ ثُمَّ قَسَتۡ قُلُوبُكُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ فَهِيَ كَٱلۡحِجَارَةِ أَوۡ أَشَدُّ قَسۡوَةٗۚ وَإِنَّ مِنَ ٱلۡحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنۡهُ ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ وَإِنَّ مِنۡهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخۡرُجُ مِنۡهُ ٱلۡمَآءُۚ وَإِنَّ مِنۡهَا لَمَا يَهۡبِطُ مِنۡ خَشۡيَةِ ٱللَّهِۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٧٤﴾

***(سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دەپ، قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە (مۇشۇنداق) كۆرسىتىدۇ① [73]. (ئى يەھۇدىيلار جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) سىلەرنىڭ دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، ئۇ تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ بەك قېتىپ كەتتى②. ھالبۇكى،***

***تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار، ئاللاھتىن قورقۇپ (يۇقىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار③. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر [74].***

① بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى دەلىل قىلىش ئارقىلىق قىيامەت كۈنى بارلىق ئىنسانلارنى ئىككىنچى قېتىم تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىشى قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغانلارنى ھەمىشە ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە تەئەججۈپلەندۈرىدىغان بىر ئىش بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بۇ مەسىلىنى قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا ھەر خىل ئۇسۇل ۋە شەكىلدە بايان قىلدى، سۈرە بەقەرەدىلا ئاللاھ تائالا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشنىڭ بەش مىسالىنى بايان قىلدى:

1. 56-ئايەتتە: ﴿ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق﴾.

2. يۇقىرىدىكى ئايەتتە: ﴿ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ﴾.

3. 243-ئايەتتە: ﴿ئاللاھ ئۇلارنى «ئۆلۈڭلار» دېدى (ئۇلار ئۆلدى). ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى تىرىلدۈردى﴾.

4. 259-ئايەتتە: ﴿ئاللاھ ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى﴾.

5. 260-ئايەتتە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا پارچىلانغان تۆت قۇش تىرىلدۈرۈلۈپ كۆرسىتىلگەن ۋەقەدىن ئىبارەت.

② يەنى ئىلگىرىكى مۆجىزىلەر ۋە ھازىرقى ئۆلتۈرۈلگۈچىنى تىرىلدۈرۈش ۋەقەسىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، دىلىڭلاردا ئاللاھقا قايتىش، تەۋبە قىلىش، ئىستىغفار ئېيتىش رىغبىتى پەيدا بولمىدى. ئەكسىچە دىلىڭلار تاشتەك ھەتتا تاشتىنمۇ بەكرەك قېتىپ كەتتى. دىلنىڭ قېتىپ كېتىشى كىشىلەر ۋە قەۋملەر ئۈچۈن ئېغىر بىر ھالاكەتتۇر. دىلنىڭ قېتىپ كېتىشى ئۇنىڭدىكى تەسىرلىنىش ۋە ھەقنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. دىلى قېتىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ياخشىلىنىشىدا ئۈمىد ئاز بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇش ئىمكانىيىتى يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە مۆئمىنلەرگە ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولۇپ قالمىسۇن. (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى﴾. (سۈرە ھەدىد 16-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

③ بۇ ئايەتتە تاشلار قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان پايدا ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشلارنىڭ ئىچىدىمۇ بىر خىل ئىدراك ۋە تۇيغۇنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يەتتە ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر، لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر﴾. (سۈرە ئىسرا 44-ئايەت) بۇنىڭ تەپسىلاتى مەزكۇر ئايەتنىڭ شەرھىسىدە كېلىدۇ.

۞ أَفَتَطْمَعُونَ أَن يُؤْمِنُوا۟ لَكُمْ وَقَدْ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَسْمَعُونَ
كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُۥ مِنۢ بَعْدِ مَا عَقَلُوهُ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾ وَإِذَا
لَقُوا۟ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَا بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ قَالُوٓا۟
أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ ٱللَّهُ عَلَيْكُمْ لِيُحَآجُّوكُم بِهِۦ عِندَ رَبِّكُمْ ۚ
أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٧٦﴾ أَوَلَا يَعْلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا
يُعْلِنُونَ ﴿٧٧﴾

*(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) يەھۇدىيلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەن تۇرسا، يەنە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر① [75]. ئۇلار ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ② . بىر - بىرى بىلەن يالغۇز قالغان چاغدا: «ئىمان ئېيتقانلار رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىزگە قارشى پاكىت قىلىپ كۆرسەتسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە (تەۋراتتا)*

*بىلدۈرگەنلەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى) ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىۋاتامسىلەر؟ (بۇنىڭغا) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دەيدۇ [76]. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟③ [77].*

① بۇ يەردە مۇئمىنلەرگە يەھۇدىيلار توغرىسىدا مۇنداق خىتاپ قىلىنىۋاتىدۇ: سىلەر ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇلاردىن ئىلگىرىكى بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئاللاھنىڭ كالامىنى (سۆز ھەم مەنە جەھەتتىن) بىلىپ تۇرۇپ قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. بۇ ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كەلگەن سوئال بولۇپ، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىدا ئۈمىد يوق دېگەننى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئىرقچىلىق ياكى ماددىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆزگەرتىدىغانلار چېقىپ كەتكىلى بولمايدىغان گۇمراھلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بولىدۇ. (سۈرە نىسا 77-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

② بۇ يەردە بەزى يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقانە ھەرىكەتلىرى پاش قىلىنىۋاتىدۇ. يەنى ئۇلار مۇئمىنلەرگە ئىماننى ئىزھار قىلاتتى، لېكىن ئۆزئارا ئۇچراشقاندا بولسا، بىر-بىرلىرىگە مالامەت قىلىشىپ: كىتابىڭلار تەۋراتتىكى ئەرەب پەيغەمبەرنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى مۇسۇلمانلارغا نېمىشقا ئېيتىپ بېرىسىلەر؟ ئۇنداق قىلساڭلار، رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە قارشى كۆرسىتىدىغان پاكىتنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆزۈڭلار تۇتقۇزۇپ قويغان بولىسىلەر، دەيتتى.

③ يەنى سىلەر سۆزلەپ بېرىڭلار ياكى سۆزلەپ بەرمەڭلار، بەرىبىر ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر ۋە ئۇ سۆزلەرنى سىلەر سۆزلەپ بەرمىسەڭلەرمۇ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرىدۇ.

وَمِنْهُمْ أُمِّيُّونَ لَا يَعْلَمُونَ ٱلْكِتَٰبَ إِلَّآ أَمَانِيَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٧٨﴾
فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ ٱلْكِتَٰبَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَٰذَا مِنْ
عِندِ ٱللَّهِ لِيَشْتَرُوا۟ بِهِۦ ثَمَنًا قَلِيلًا ۖ فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ

وَوَيۡلٞ لَّهُم مِّمَّا يَكۡسِبُونَ ﴿٧٩﴾ وَقَالُواْ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامٗا
مَّعۡدُودَةٗۚ قُلۡ أَتَّخَذۡتُمۡ عِندَ ٱللَّهِ عَهۡدٗا فَلَن يُخۡلِفَ ٱللَّهُ عَهۡدَهُۥٓۖ أَمۡ
تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٨٠﴾

***ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بىلمەيدىغان، پەقەت ئويدۇرمىلارغىلا قۇلاق سالىدىغان، خىيالغىلا تايىنىدىغان ساۋاتسىزلىرىمۇ بار① [78]. كىتابنى ئۆز قولى بىلەن (ئۆزگەرتىپ) يېزىپ، ئۇنى ئازغىنە مەنپەئەت بەدىلىگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن، «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان» دېگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! قولى بىلەن يېزىۋالغان نەرسىلىرى (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكى) تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! (بۇ ئارقىلىق) ئېرىشكەن (ھارام) نەرسىلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي② [79]. ئۇلار: «بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) دېگىنكى، «سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ؟③، (ئەگەر ۋەدە بەرگەن بولسا) ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ ياكى سىلەر ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟»④ [80].***

① ئالدىنقى ئايەتتىكى ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەھۋالى ئىدى. بۇ ئايەتتىكى بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ساۋاتسىز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر، ئۇلار كىتاب (تەۋرات) تىن بىخەۋەر ئىدى، ئۇلار خام خىيالغا، قۇرۇق ئارزۇلارغا ۋە ئۆلىمالىرى توقۇغان ئويدۇرمىلارغا ئەگىشەتتى، ئۆلىمالىرى ئۇلارنى شۇنداق خام خىيالغا مۇبتىلا قىلىپ قويغان ئىدى. مەسىلەن، ئۇلار: بىز دېگەن «ئاللاھنىڭ دوستلىرى»، ئەگەر دوزاختا چۈشۈپ كېتىپ قالساقمۇ، ئۇ يەردە پەقەت بىر نەچچە كۈن قالىمىز، بىزگە بۇزرۇكلىرىمىز شاپائەت قىلىدۇ، كەچۈرۈم قىلغۇزىدۇ، دېگەندەك ھەر خىل خام خىيال ۋە ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلاردا بولاتتى.

② يەھۇدىي ئۆلىمالىرىنىڭ دىنىي مەسىلە ۋە ئەھكاملارنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ، ئۇنى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن دېيىشكە جۈرئەت قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن قورقماسلىقتا نەقەدەر ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ﴿وَيۡلٞ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇ

جەھەننەمدىكى بىر ۋادىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا تاشلانغان كاپىر ئاستىغا چۈشۈپ بولغىچە قىرىق يىل كېتىدۇ. (مۇسنەدى ئەھمەد، سۇنەنى تىرمىزى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايىتى، فەتھۇلقەدىرگە قارالسۇن) بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، قۇرئان كەرىمنى سېتىش جايىز ئەمەس، دېگەن ھۆكۈمنى ئالىدۇ. بۇ خىل دەلىل كەلتۈرۈش توغرا ئەمەس. ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى تەنبىھ پەقەت مال-دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆزگەرتىدىغان ۋە كىشىلەرنى دىن نامى بىلەن ئالدايدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان.

③ يەھۇدىيلار: «دۇنيانىڭ مۇددىتى يەتتە مىڭ يىلدۇر، بىز ھەر مىڭ يىل ئۈچۈن بىر كۈن جەھەننەمدە قالىمىز، مۇشۇ ھېساب بويىچە بىز پەقەت يەتتە كۈن جەھەننەمدە قالىمىز» دەيتتى. بەزىلىرى: «بىز موزايغا ئىبادەت قىلغان قىرىق كۈنلا جەھەننەمدە قالىمىز» دەيتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ؟﴾ بۇ ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كەلگەن سوئالدۇر، ئۇلار يالغانچىلاردۇر، يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇنداق ۋەدە بەرگەن ئەمەس. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ يەنى دوزاخقا كىرسەك، بىر نەچچە كۈنلۈكلا كىرىمىز، دېگەن سەپسەتە ئۇزۇۋلار ئويدۇرۇپ چىققان قۇرۇق دەۋادۇر، سىلەر ئۆزۈڭلارمۇ بىلمەيدىغان سۆزلەرنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىۋاتىسىلەر. تۆۋەندىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ياخشىلار ۋە يامانلارغا ئۇلارنىڭ ياخشى ۋە يامان قىلمىشىغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغانلىق ھەققىدىكى قائىدە ۋە پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىدۇ.

بَلَىٰ مَن كَسَبَ سَيِّئَةً وَأَحَٰطَتۡ بِهِۦ خَطِيٓـَٔتُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ
ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٨١ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٨٢ وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَ
بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ لَا تَعۡبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَانٗا وَذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ
وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسۡنٗا وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ
وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ ثُمَّ تَوَلَّيۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنكُمۡ وَأَنتُم مُّعۡرِضُونَ ٨٣

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ لَا تَسۡفِكُونَ دِمَآءَكُمۡ وَلَا تُخۡرِجُونَ أَنفُسَكُم
مِّن دِيَٰرِكُمۡ ثُمَّ أَقۡرَرۡتُمۡ وَأَنتُمۡ تَشۡهَدُونَ ﴿٨٤﴾

***ئەمەلىيەت سىلەر دېگەندەك ئەمەس، كىمكى گۇناھ قىلىدىكەن ۋە گۇناھقا پېتىپ كېتىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەر دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۇ قالىدۇ [81]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان (كىشىلەر) ــ ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۇ قالىدۇ① [82]. ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، يېقىن تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالغان ئىدۇق. ئاراڭلاردىكى ئازغىنە كىشىلەردىن باشقىلىرىڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىڭلار، سىلەر ھەمىشە (شۇنداق) يېنىۋالىسىلەر [83]. ئۆز ۋاقتىدا بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر ـ بىرىڭلارنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا، سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن ئۇنى (يەنى ئەھدىنى) قوبۇل قىلغان ئىدىڭلار، (بۇنىڭغا) ئۆزۈڭلارمۇ گۇۋاھ② [84].***

① بۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ دەۋاسى رەت قىلىنىپ، جەننەتكە ۋە جەھەننەمگە كىرىشنىڭ شەرتلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. كىمنىڭ نامە-ئەمالىدا گۇناھ بولسا، يەنى ئۇنىڭ گۇناھى كۇفرى ۋە شېرىك (بۇ چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ ئىناۋەتسىز بولىدۇ) بولسا، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۇ قالىدۇ. بۇ يەردە جۈملىنىڭ سىياقىغا ئاساسەن ﴿سَيِّئَةً﴾ دېگەن سۆز كۇفرى ۋە شېرىك مەنىسىدە كەلگەن. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەتتە بولىدۇ. گۇناھكار مۇئمىنلەرنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ، ئاللاھ خالىسا ئۆزىنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ياكى جازالاش ئۈچۈن جەھەننەمدە مەلۇم مۇددەت قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بۇ سۆزلەر سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن بولۇپ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

② بۇ ئايەتلەردە يەنە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئېلىنغان مەزكۇر ئەھدە بايان قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادى ئۇ ئەھدىگىمۇ خىلاپلىق قىلغان. ئۇلاردىن ئېلىنغان ئەھدىدە باشتا ھەربىر پەيغەمبەر دەۋىتىنىڭ بىرىنچى ئاساسى بولغان بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش تەكىتلەنگەن (بۇ سۈرە ئەنبىيانىڭ 25-ئايىتى ۋە باشقا ئايەتلەردە بايان قىلىنغان)، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەمەل ئاتا-ئانىغا بويسۇنۇش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ھەمدە بۇنىڭ خۇددى ئىبادەتكە ئوخشاش ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش زۆرۈر بولغاندەك ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭمۇ زۆرۈرلىكى ھەمدە بۇ ئىشتا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقى روشەنلەشتۈرۈلگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ ئايەتلىرىدە ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىنلا ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىشنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇق-تۇققانلار، يېتىملەر، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى تەكىتلەپ، ئۇلارغا خەير-خاھلىق قىلىشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس-شەرىپلىرىدىنمۇ بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەزكۇر ئەھدىدە ئۇلار ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىشكىمۇ بۇيرۇلغان. ئۇنىڭدىن بۇ ئىككى ئىبادەتنىڭ ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردىمۇ مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇھىملىقى مەلۇم بولىدۇ. ئىسلامدىمۇ بۇ ئىككىسى ناھايىتى مۇھىم ئىبادەتلەردىندۇر، ھەتتا ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسى بىرىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش كۇفرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: زاكاتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەتلىك دەۋرىدە زاكات بەرمىگەنلەرگە قارشى جىھاد قىلغانلىقىدىن ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ثُمَّ أَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ تَقۡتُلُونَ أَنفُسَكُمۡ وَتُخۡرِجُونَ فَرِيقٗا مِّنكُم مِّن دِيَٰرِهِمۡ تَظَٰهَرُونَ عَلَيۡهِم بِٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِ وَإِن يَأۡتُوكُمۡ أُسَٰرَىٰ تُفَٰدُوهُمۡ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيۡكُمۡ إِخۡرَاجُهُمۡۚ أَفَتُؤۡمِنُونَ بِبَعۡضِ ٱلۡكِتَٰبِ

وَتَكۡفُرُونَ بِبَعۡضٖۚ فَمَا جَزَآءُ مَن يَفۡعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمۡ إِلَّا خِزۡيٞ
فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ ٱلۡعَذَابِۗ وَمَا ٱللَّهُ
بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٨٥﴾

*كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئاراڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار ئەسىرگە چۈشۈپ كەلگەندە بولسا، فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى راۋا كۆرۈۋسىلەريۇ، ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيسىلەر). سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟① (شۇنى ئېنىق بىلىڭلاركى) سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا بولۇش، قىيامەت كۈنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر [85].*

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مەدىنىدە ئەنسارلار (ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن مۇشرىكلاردىن ئىدى) نىڭ ئەۋس ۋە خەزرەج دەپ ئىككى قەبىلىسى بولۇپ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك مەدىنىدە تۇرۇشلۇق ئۈچ يەھۇدىي قەبىلىسى بار ئىدى. ئۇلار قەينۇقا، نەزىر ۋە قۇرەيزە جەمەتلىرى بولۇپ، بۇلارمۇ ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى، قۇرەيزە جەمەتىدىكى يەھۇدىيلار بولسا ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى. قەينۇقا بىلەن نەزىر جەمەتىدىكى يەھۇدىيلار بولسا خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى. بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، يەھۇدىي قەبىلىلىرىدىن ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا ياردەم قىلاتتى. ئۇرۇشتا يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ دىنداش يەھۇدىي قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىراتتى. ھالبۇكى، ئۇنداق قىلىش تەۋراتنىڭ ھۆكمى بويىچە ئۇلارغا ھارام ئىدى. لېكىن مەغلۇپ

بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن يەھۇدىيلارنى بولسا قارشى تەرەپكە فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزاتتى ۋە بىزگە تەۋراتتا شۇنداق بۇيرۇلغان دەيتتى. بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ مەزكۇر يامان قىلمىشلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار شەرىئەتنى خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئېلاستىك ۋە ئەۋرىشىم مومىغا ئايلاندۇرىۋالغان ئىدى، ئۇلار شەرىئەتنىڭ بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىمان كەلتۈرەتتى، يەنە بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى تەرك ئېتەتتى، بەزىدە شەرىئەتنىڭ بىر ھۆكمىگە ئەمەل قىلسا، بەزىدە ئۇ ھۆكۈمگە قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيتتى. بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش، يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش، ئۆزئارا بىر-بىرىگە قارشى ياردەم قىلىش ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدىمۇ ھارام ئىدى، بۇ ئىشلارنى ئۇلار ھېچ تەپ تارتماستىن قىلىۋېرەتتى، ئاندىن فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇش ھۆكمىگە ئەمەل قىلىپ قوياتتى. ناۋادا ئۇلار ئاشۇ ئۈچ ئىشنى قىلمىغان بولسا ئىدى، فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇشقا ھەرگىزمۇ نۆۋەت كەلمىگەن بولاتتى.

أُوْلَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا بِٱلۡأٓخِرَةِۖ فَلَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمُ
ٱلۡعَذَابُ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ٨٦ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ وَقَفَّيۡنَا
مِنۢ بَعۡدِهِۦ بِٱلرُّسُلِۖ وَءَاتَيۡنَا عِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدۡنَٰهُ
بِرُوحِ ٱلۡقُدُسِۗ أَفَكُلَّمَا جَآءَكُمۡ رَسُولُۢ بِمَا لَا تَهۡوَىٰٓ أَنفُسُكُمُ
ٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡ فَفَرِيقٗا كَذَّبۡتُمۡ وَفَرِيقٗا تَقۡتُلُونَ ٨٧

*ئەنە شۇلار ئاخىرەتنىڭ بەدىلىگە دۇنيا تىرىكچىلىكىنى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا (ئازابتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن) ياردەممۇ قىلىنمايدۇ① [86]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرلەرنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىيساغا مۆجىزىلەرنى بەردۇق ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىل) بىلەن قۇللىدۇق② . ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ (پەيغەمبەرلەردىن) بىر قىسمىنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسمىنى ئۆلتۈردۈڭلار③ [87].*

① بۇ يەردە شەرىئەتنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىپ، يەنە بىر قىسمىنى تەرك ئەتكەنلىكىنىڭ جازاسى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ جازاسى (شەرىئەتكە تولۇق ئەمەل قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلىدىغان) دۇنيادا ئىززەت-ھۆرمەت بولماستىن، خارلىق ۋە موھتاجلىق بولىدۇ؛ ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك نېمەت بولماستىن، قاتتىق ئازاپ بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شەرىئەتكە تولۇق ئەمەل قىلىشىنىڭلا مەقبۇل بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، شەرىئەتنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈملىرىنىلا ئېتىراپ قىلىپ قويۇش يا ئەمەل قىلىپ قويۇشنىڭ ھېچ قىممىتى بولمايدۇ. بۇ ئايەت يەنە مۇسۇلمانلارنىمۇ تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىپ، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ خارلىق ۋە موھتاجلىقتا قېلىش سەۋەبىنىڭ مەزكۇر ئايەتتە بايان قىلىنغان يەھۇدىيلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

② ﴿ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇئارقا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتۇق﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئارقىمۇئارقا پەيغەمبەرلەر كېلىۋەردى، ھەتتا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كېلىدىغان پەيغەمبەرلەر شەجەرىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشتى. «روشەن دەلىللەر» دېگەندە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئەما ۋە بەرەس كېسەللىرىنى ساقايتىش قاتارلىق مۆجىزىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مۆجىزىلەر سۇرە ئال ئىمراننىڭ 49-ئايەتتە بايان قىلىندۇ.

﴿رُوْحِ الْقُدُسِ﴾ (ئىلاھىي روھ) دېگەندە جىبرىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ «روھۇلقۇدۇس» دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ «بول» دېگەن بۇيرۇق بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدىندۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ «روھ» دەپ ئاتالغان. «ئەلقۇدۇس» دېگەندە ئاللاھنىڭ زاتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. روھنى ئەلقۇدۇسقا ئىنىقلانغۇچى قىلىپ قوشۇش ئۇنى شەرەپلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. بۇ ئۇقۇمنى ئىمام ئىبنى جەرىر ئەڭ توغرا دەپ قارىغان، چۈنكى سۇرە مائىدەنىڭ 10-ئايىتىدە روھولقۇدۇس ۋە ئىنجىل ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم تىلغا ئېلىنغان. (ئۇ يەردە «روھولقۇدۇس» دېگەندە ئىنجىل مەقسەت قىلىنمىغان) يەنە بىر ئايەتتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام «روھۇلئەمىن» دەپ ئاتالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دۇئا قىلغاندا: «ئى ئاللاھ ئۇنى روھۇلقۇدۇس بىلەن يۆلىگىن» دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «جىبرىل سەن بىلەن بىللە» دېگەن. بۇنىڭدىن روھۇلقۇدۇستىن جىبرىل

ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. (فەتھۇلبايان، ئىمام ئىبنى كەسىر ئۇنى «ئەشرەفۇل ھەۋاشى» دېگەن كىتابتىن نەقىل قىلغان)

③ مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدىڭلار. زەكەرىيا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاملارنى ئۆلتۈردۈڭلار.

وَقَالُواْ قُلُوبُنَا غُلۡفُۢۚ بَل لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفۡرِهِمۡ فَقَلِيلٗا مَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿٨٨﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمۡ كِتَٰبٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ وَكَانُواْ مِن قَبۡلُ يَسۡتَفۡتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِۦۚ فَلَعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾ بِئۡسَمَا ٱشۡتَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡ أَن يَكۡفُرُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بَغۡيًا أَن يُنَزِّلَ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦ

*ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار): «بىزنىڭ دىللىرىمىز پەردىلىنىپ قالغان» دېدى①. ئەكسىچە، ئۇلار (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن قوغلىدى، شۇڭا ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز② [88]. ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا (ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى). ئىلگىرى ئۇلار (تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان بۇ پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى③. ئاللاھنىڭ لەنىتى (مۇشۇنداق) كاپىرلارغا بولىدۇ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇغەنچىسىنى ئىنكار قىلغان مۇشۇنداق يەھۇدىيلارغا بولىدۇ) [89]. ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان بىرىگە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغانلىقىغا ھەسەت قىلغانلىقتىن④، ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)نى ئىنكار قىلىپ ئۆزىنى نابۇت قىلىشى (يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى (يەنى ئىمانىنى كۇفرىغا سېتىشى) ئەجەب يامان ئىشتۇر.*

① يەنى ئۇلار: ئى مۇھەممەد سېنىڭ سۆزلىرىڭ بىزگە تەسىر قىلمايدۇ، دېدى. يەنە بىر ئايەتتە ﴿ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن» دېدى﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 5-ئايەت)

② دىللارغا ھەق سۆزنىڭ تەسىر قىلمىغانلىقى پەخىرلىنىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ لەنەتكەردە، قوغلاندى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. دېمەك ئۇلار بەكمۇ ئاز ئىمان ئېيتىدۇ (بۇ ئاز ئىمان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولمايدۇ)، يەنە بىر مەنىسى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەر ئاز بولىدۇ.

③ ﴿يَسۡتَفۡتِحُونَ﴾نىڭ بىر مەنىسى، ئۇلار كاپىرلارغا قارشى ئاللاھتىن غەلىبە-نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلاتتى يەنى يەھۇدىيلار مۇشرىكلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان چاغدا، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئى ئاللاھ، ئاخىرقى پەيغەمبەرنى تېزراق ئەۋەتسەڭ، بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشرىكلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلساق، دەيتتى. دېمەك «استفتاح» دېگەن «استنصار «نۇسرەت تەلەپ قىلىش دېگەن مەنىدە. ئىككىنچى مەنىسى، ئالدىن خەۋەر بېرىش، يەنى يەھۇدىيلار كاپىرلارغا يېقىن ئارىدا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلىدۇ دەپ خەۋەر بېرەتتى. (فەتھۇلقەدىر) لېكىن پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەسەت قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىدى، بۇ نۇقتا تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ.

④ يەنى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلدا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ۋە ئەھلى كىتابنىڭ كۈتۈۋاتقان «نىجاتچىسى» ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، پەقەت ھەسەتخورلۇق ۋە ئىچى تارلىق يۈزىسىدىن، پەيغەمبەر نېمىشقا بىز يەھۇدىيلاردىن كەلمەيدۇ دەپ، ئىمان ئېيتمىدى. ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىقا كۆرسەتكەن باھانىلىرى دەلىلگە ئاساسەن بولماستىن، بەلكى مىللەتچىلىك، ئىرقچىلىق، ئەكسىيەتچىلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن بولغان ئىدى.

فَبَآءُو بِغَضَبٍ عَلَىٰ غَضَبٍۚ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٌ مُّهِينٌ ٩٠ وَإِذَا قِيلَ

لَهُمۡ ءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ نُؤۡمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا وَيَكۡفُرُونَ
بِمَا وَرَآءَهُۥ وَهُوَ ٱلۡحَقُّ مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَهُمۡۗ قُلۡ فَلِمَ تَقۡتُلُونَ أَنۢبِيَآءَ
ٱللَّهِ مِن قَبۡلُ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٩١﴾ ۞ وَلَقَدۡ جَآءَكُم مُّوسَىٰ
بِٱلۡبَيِّنَٰتِ ثُمَّ ٱتَّخَذۡتُمُ ٱلۡعِجۡلَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَنتُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿٩٢﴾ وَإِذۡ
أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ ءَاتَيۡنَٰكُم
بِقُوَّةٖ وَٱسۡمَعُواْۖ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَعَصَيۡنَا

(شۇ ۋەجىدىن) ئۇلار قاتمۇقات غەزەپكە تېگىشلىك بولدى①. بۇ كاپىرلارغا خارلىغۇچى ئازاب بار [90]. ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا) ئىمان كەلتۈرىمىز»② دەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇ (قۇرئان) ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابتۇر. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا): «سىلەر (تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟»③ دېگىن [91]. مۇسا سىلەرگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى كەلتۈرگەن ئىدى. مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن)دىن كېيىن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار④. [92] ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن (تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا) چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق. (بۇ ئەھدىنى بۇزغانلىقىڭلار ئۈچۈن) تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلاردا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، «بىز ئاتا قىلغان (تەۋرات)نى مەھكەم تۇتۇڭلار ۋە (ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتكە) قۇلاق سېلىڭلار (بولمىسا ئۈستۈڭلارغا تاغنى تاشلايمىز)» دېدۇق. ئۇلار: «قۇلاق سالدۇق ۋە ئاسىيلىق قىلدۇق»⑤ دېيىشكەن ئىدى.

① يەنى ئۇلار ئۈستى ـ ئۈستىگە، ناھايىتى كۆپ غەزەپكە دۇچار بولدى، چۈنكى ئۇلار يۇقىرىدىكى غەزەپكە سەۋەب بولىدىغان قىلمىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمدى بولسا ھەسەتخورلۇقتىن قۇرئاننى ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىنكار قىلدى.

② يەنى ئۇلار: بىز تەۋراتقىلا ئىمان كەلتۈرىمىز، دەيدۇ. يەنى بىزدە تەۋرات بار، شۇڭا قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەيدۇ.

③ يەنى سىلەرنىڭ تەۋراتقا ئىمان كەلتۈرىمىز دېگەن دەۋايىڭلارمۇ راست ئەمەس، ئەگەر سىلەر تەۋراتقا ئىمان كەلتۈرگەن بولساڭلار، پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرمىگەن بولاتتىڭلار. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھېلھەم سىلەر پەقەت تەرسالىق ۋە ھەسەتخورلۇق يۈزىسىدىن ھەقنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر.

④ بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ تەرسالىق بىلەن ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقىغا قارشى كەلتۈرۈلگەن يەنە بىر دەلىلدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئۆزىنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىبادەت قىلىشقا لايىق زاتنىڭ پەقەت ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرگەن ئىدى. لېكىن سىلەر شۇ ئېنىق مۆجىزە ۋە دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئازار بەردىڭلار، يەنە تېخى بىر ئاللاھنى قويۇپ، موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار.

⑤ بۇ ئۇلاردىكى ئىنكار ۋە كاپىرلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى بولۇپ، ئۇلار پەقەت تىلى بىلەنلا ئىقرار قىلىپ قويىدى. يەنى تىلىدا ئاڭلىدۇق، ئىتائەت قىلىمىز، دەپ قويۇپ، نىيىتىدە ئەمەل قىلمايمىز، دېيىشتى.

وَأُشْرِبُواْ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلْعِجْلَ بِكُفْرِهِمْۚ قُلْ بِئْسَمَا يَأْمُرُكُم بِهِۦٓ
إِيمَٰنُكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٩٣﴾ قُلْ إِن كَانَتْ لَكُمُ ٱلدَّارُ ٱلْأَخِرَةُ
عِندَ ٱللَّهِ خَالِصَةً مِّن دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُاْ ٱلْمَوْتَ إِن كُنتُمْ
صَٰدِقِينَ ﴿٩٤﴾ وَلَن يَتَمَنَّوْهُ أَبَدَۢا بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ
بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٩٥﴾ وَلَتَجِدَنَّهُمْ أَحْرَصَ ٱلنَّاسِ عَلَىٰ حَيَوٰةٍ وَمِنَ ٱلَّذِينَ
أَشْرَكُواْۚ يَوَدُّ أَحَدُهُمْ لَوْ يُعَمَّرُ أَلْفَ سَنَةٍ

***ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن① ، دىللىرىغا موزايىنىڭ مۇھەببىتى سىڭدۈرۈلگەن ئىدى② . (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكەنە؟ (سىلەر مۇئمىن ئەمەس، چۈنكى ئىمان موزايغا***

*چوقۇنۇشقا بۇيرۇمايدۇ)» دېگىن [93]. ئۇلارغا دېگىنكى: «ئەگەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاخىرەت يۇرتى (يەنى جەننەت) باشقىلارغا ئەمەس، (بەلكى سىلەر گۇمان قىلغاندەك) يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا ۋە (شۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (سىلەرنى جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!» [94]. ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ③. ئاللاھ (بۇنداق) زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر [95]. شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن④. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ،*

① يەنى موزاينى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت گۇناھ-مەئسىيەت ۋە كۇفرىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى.

② ئۇلارنىڭ كالىغا بولغان مۇھەببىتى (چوقۇنىشى) ئۇلارنى ھەقنى كۆرمەس ۋە ئاڭلىماس قىلىپ قويدى، بۇ ئايەتتە موزاي مۇھەببىتىنىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا سىڭىپ كەتكەنلىكى ئىستىئارە تەرىقىسىدە ﴿أُشْرِبُوا﴾ «ئىچۈرۈلدى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەندى. چۈنكى، سۇ ئىنسانىنىڭ پۈتۈن جىسمىغا سىڭگەندەك، ئۇلارنىڭ كالىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا، ھەتتا پۈتۈن جىسملىرىغا سىڭگەن ۋە ئورناپ كەتكەن ئىدى. (فەتھۇلقەدىر)

③ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنى «مباهلة» لەنەت بىلەن دۇئا قىلىشىش يەنى ئۆلۈم تىلەپ دۇئا قىلىشىشقا دەۋەت قىلىش دەپ تەپسىر قىلىدۇ. يەنى يەھۇدىيلارغا دېيىلدىكى، ئەگەر سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشتا ۋە بىز ئاللاھنىڭ دوستلىرى دېگەن دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار! يەنى مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار بىرلىكتە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئى ئاللاھ، ئىككىمىزدىن كىم يالغانچى بولسا، شۇنىڭغا ئۆلۈم بەرگىن! دەپ تىلەپ بېقىڭلار! ئۇلارغا سۈرە جۇمەدىمۇ «ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار» دېيىلگەن ئىدى. سۈرە ئال ئىمراندا نەجراندىكى

خرىستىئانلارمۇ «ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن» دەپ دۇئا قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان. چۈنكى يەھۇدىيلارمۇ خرىستىئانلارغا ئوخشاش يالغانچىلار ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا خرىستىئانلار توغرۇلۇق ئېيتقاندەك يەھۇدىيلار توغرۇلۇقمۇ: «ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ» دېدى. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇشۇ ئۇقۇمنى كۈچلۈك دەپ قارىغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ ئۇلار ئۆلۈمنى قانداقمۇ ئارزۇ قىلسۇن؟! ئۇلار دۇنيا ھاياتىغا پۈتۈن ئىنسانلاردىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ بەكرەك ھېرىسمەندۇر، لېكىن ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. بۇ ئايەتلەردىن يەھۇدىيلارنىڭ «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى، شۇڭا جەننەتكە كىرىشكە بىزلا لايىق» دېگەندەك دەۋالىرىدا پۈتۈنلەي يالغانچى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، ھېچ بولمىغاندا ئۇلار دەۋالىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىسى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىقىنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈم تىلەپ دۇئا قىلىشىشقا قوشۇلغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈم تىلەپ دۇئا قىلىشىشتىن قورققانلىقىنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن: ئۇلار ئاغزىدا چىرايلىق باھانىلەرنى كۆرسەتكەن بىلەن كۆڭلىدە ئەسلىي ھەقىقەتتىن خەۋەردار ئىدى. ئىككىنچىدىن: ئۇلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەتسىزلەرگە ئوخشاش جازالىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

وَمَا هُوَ بِمُزَحْزِحِهِۦ مِنَ ٱلْعَذَابِ أَن يُعَمَّرَ ۗ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ بِمَا
يَعْمَلُونَ ﴿٩٦﴾ قُلْ مَن كَانَ عَدُوًّا لِّجِبْرِيلَ فَإِنَّهُۥ نَزَّلَهُۥ عَلَىٰ قَلْبِكَ
بِإِذْنِ ٱللَّهِ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَهُدًى وَبُشْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿٩٧﴾
مَن كَانَ عَدُوًّا لِّلَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَىٰلَ فَإِنَّ
ٱللَّهَ عَدُوٌّ لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٩٨﴾

***ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [96].***

***ئېيتقىنكى، «كىمكى جىبرىلغا دۈشمەن بولىدىكەن (ئۇ ئاللاھقا دۈشمەن بولغان بولىدۇ)، ھەقىقەتەن جىبرىل ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى، ھىدايەت يېتەكچىسى ۋە مۆئمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە چۈشۈردى① [97]. كىمكى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، جىبرىلغا، مىكائىلغا دۈشمەن بولىدىكەن (ئاللاھنى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھمۇ (ئۇنداق) كاپىرلارنى چوقۇم دۈشمەن تۇتىدۇ»② [98].***

① ھەدىسلەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: بىر نەچچە يەھۇدىي ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «بىز سەندىن پەيغەمبەردىن باشقىسى بىلمەيدىغان بىر قانچە مەسىلە سورايمىز، ئەگەر توغرا جاۋاپ بېرەلىسەڭ، ئىمان ئېيتىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار: «ساڭا ۋەھىينى كىم ئېلىپ كېلىدۇ؟» دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جىبرىل» دېگەندە، ئۇلار: «جىبرىل بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، ئۇ ئازاب ۋە ئۆلۈم ئېلىپ چۈشكەن پەرىشتىدۇر» دېيىشتى ۋە شۇنى باھانە قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

② يەھۇدىيلار: مىكائىل بىزنىڭ دوستىمىز، دەيتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە: ئۇلار مېنىڭ قەدىرلىك بەندىلىرىم، كىمكى ئۇلارنى ياكى ئۇلارنىڭ بىررسىنى دۈشمەن تۇتسا، ماڭا دۈشمەن بولغان بولىدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى بايان قىلدى. يەنە ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا: «كىمكى مېنىڭ دوستۇمنى دۈشمەن تۇتسا، ئۇ ماڭا جەڭ ئېلان قىلغان بولىدۇ» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 6502-ھەدىس) ئاللاھنىڭ قايسىبىر دوستىنى دۈشمەن تۇتۇش ئاللاھنىڭ ھەممە ئەۋلىيا بەندىلىرىنى دۈشمەن تۇتقانلىق، ھەتتا ئاللاھنى دۈشمەن تۇتقانلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكى، ئۇلار بىلەن قارشىلىشىش ۋە ئۇلارنى يامان كۆرۈش ئاللاھ تائالاغا جەڭ ئېلان قىلغاندەك چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرى كىم؟ بۇ ھەقتە سۈرە يۇنۇسنىڭ 62-، 63-ئايەتلىرىگە قارالسۇن. ئەۋلىيالارنى ياخشى كۆرۈپ،

ھۆرمەتلەشنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ ئۇلارغا چوقۇنۇش دۇرۇس دېگەنلىك ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىلىرىگە گۈمبەز ياساش، ھەر يىلى ئۇلارنى خاتىرلەش ئۈچۈن يىغىلىش، ئۇلارنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىر قىلىش، قەبرىلىرىنى يۇيۇش، قەبرىلەر ئۈستىگە يوپۇق يېپىش، ئۇلارنى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى، مۇشكۇل ئىشلارنى ئاسان قىلغۇچى، پايدا-زىيان يەتكۈزگۈچى دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى ئالدىدا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تىك تۇرۇش، ئۇلارغا تازىم قىلىش، سەجدە قىلىش دۇرۇس دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئەپسۇسلىنارلىقى «ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ھۆرمەتلەش» نامى بىلەن ئۇلارنى ئۇلۇغلاپ، چوقۇنىدىغان بۇت قىلىۋېلىش ۋە زىيارەتگاھلارنى ياساش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ھالبۇكى، بۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش ئەمەس بەلكى ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىق ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. ئاللاھ بىزنى قەبرىگە ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆلۈككە چوقۇنۇشتىن ساقلىسۇن!

وَلَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖۖ وَمَا يَكۡفُرُ بِهَآ إِلَّا ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٩٩﴾
أَوَكُلَّمَا عَٰهَدُواْ عَهۡدٗا نَّبَذَهُۥ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا
يُؤۡمِنُونَ ﴿١٠٠﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ
نَبَذَ فَرِيقٞ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمۡ
كَأَنَّهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٠١﴾ ٱتَّبَعُواْ مَا تَتۡلُواْ ٱلشَّيَٰطِينُ عَلَىٰ مُلۡكِ
سُلَيۡمَٰنَۖ وَمَا كَفَرَ سُلَيۡمَٰنُ وَلَٰكِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ
ٱلنَّاسَ ٱلسِّحۡرَ

***شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئۇلارنى پەقەت توغرا يولدىن چىققانلارلا ئىنكار قىلىدۇ [99]. (يەھۇدىيلار) ھەر قاچان ئۇلار بىرەر ئەھدە تۈزۈشسە، ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا) ئىشەنمەيدۇ [100]. ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قوللىرىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلگەندە، كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ***

***بىر قىسمى (خۇددى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) بىلمەيدىغاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابىنى (يەنى تەۋراتنى) ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى (يەنى تەۋراتنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلمىدى)① [101]. ئۇلار سۇلەيماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىككە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلەيمان كاپىر بولمىدى (يەنى سېھىرگەرلىك قىلمىدى)②، لېكىن شەيتانلار كاپىر بولدى.***

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىۋاتىدۇ. يەنى بىز ساڭا نۇرغۇن روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق، ئۇ دەلىللەرنى كۆرۈپ يەھۇدىيلارمۇ ئىمان ئېيتىشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ كىتابى تەۋراتتا سېنىڭ سۈپەتلىرىڭ تىلغا ئېلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ساڭا ئىمان كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئېلىنغان ئەھدىلەر بار. ئۇلار ئىلگىرىمۇ ھېچبىر ئەھدىگە ۋاپا قىلمىغان تۇرسا، بۇ ئەھدىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق ئۇلارنىڭ ئىزچىل ئادىتى بولۇپ كەلدى، ھەتتا ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى بىلمەيدىغاندەك، ئۇنى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى.

② يەنى ئۇ يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەمەل قىلمىدى ۋە ئۆزلىرى قىلغان ئەھدىگىمۇ پەرۋا قىلمىدى، ھەتتا شەيتانلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، سېھىر-ئەپسۇنلارغا ئەگەشكەندىن باشقا يەنە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەمەس (ئاللاھتىن پاناھ تىلەيمىز)، بەلكى بىر سېھىرگەر ئىدى، سېھىر كۈچىگە تايىنىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، دەپ دەۋا قىلىشتى. بۇ ئايەتتە ئۇلارغا رەددىيە بېرىلدى، يەنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام سېھىرگەرلىك قىلمىدى، سېھىرگەرلىك قىلىش كۇفرىلىق تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ كۇفرىلىق بولىدىغان ئىشنى قىلسۇن؟ رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە سېھىرگەرلىك ئومۇملىشىپ، كەڭ تارالغان ئىدى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇنى چەكلەش ئۈچۈن بارلىق سېھىرگە ئالاقىدار كىتابلارنى يىغىپ ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقنىڭ تېگىگە كۆمۈۋەتكەن ئىدى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەيتانلار ۋە جادۇگەرلەر ئۇ كىتابلارنى كولاپ چىقىرىپ، كىشىلەرگە كۆرسەتتى، ھەتتا ئۇلار: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشتىكى سىرى مۇشۇ سېھىرگەرلىك ئىدى دەپ، بىلجىرلىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ زالىملار

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىمۇ كاپىر دەپ تۆھمەت قىلدى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بەردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە باشقا تەپسىرلەر) ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

وَمَآ أُنزِلَ عَلَى ٱلۡمَلَكَيۡنِ بِبَابِلَ هَٰرُوتَ وَمَٰرُوتَۚ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنۡ أَحَدٍ حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحۡنُ فِتۡنَةٞ فَلَا تَكۡفُرۡۖ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنۡهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ وَزَوۡجِهِۦۚ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِۦ مِنۡ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡۚ وَلَقَدۡ عَلِمُواْ لَمَنِ ٱشۡتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖۚ وَلَبِئۡسَ مَا شَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿١٠٢﴾

***ئۇلار ئىنسانلارغا سېھىرنى ۋە بابىل (شەھىرى)دىكى ھارۇت - مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان نەرسىنى① ئۆگىتەتتى. ھالبۇكى، (بۇ ئىككى پەرىشتە): «بىز (نىڭ ئەۋەتىلىشىمىز) پەقەتلا بىر سىناق②، ھەرگىز كاپىر بولۇپ كەتمىگىن» دېمەي تۇرۇپ، ھېچكىمگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى③. (شۇنداق دېسىمۇ) ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) بۇ ئىككىسىدىن ئەر - ئايالنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى، ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى④. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى) سېھىرگە تېگىشكۈچىگە ئاخىرەتتە (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار ئۆز جانلىرى بەدىلىگە تېگىشكەن سېھىر نېمىدېگەن يامان! ئەگەر ئۇلار (ئۆزلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) بىلسە ئىدى (سېھىر ئۆگەنمىگەن بولاتتى). [102].***

① بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَمَآ أُنزِلَ﴾ دىكى «ما «نى مەنپىي مەنىدە ئېلىپ، ھارۇت ۋە مارۇتقا ھېچقانداق نەرسە چۈشۈرۈلگەن ئەمەس، دەپ

تەپسىر قىلغان. لېكىن ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئۇ مەنىنى كۈچلەندۈرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى جەرىر ۋە باشقا ئۆلىمالار ئۇنى رەت قىلغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) شۇنىڭدەك يەنە ھارۇت ۋە مارۇت ھەققىدىكى تەپسىرلەردە كۆپلىگەن ئىسرائىلىي رىۋايەتلەر بار، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ سەھىھ رىۋايەتلەر ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە توختالماي، قىسقىچە بايان قىلدى، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئىمان كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈردۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئايەتنىڭ لەۋزىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھارۇت ۋە مارۇتقا سېھىرگەرلىك ئىلمىنى نازىل قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى مەقسەت (توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ) بەلكىم كىشىلەرگە پەيغەمبەرلەرنىڭ قولى بىلەن زاھىر بولغان مۆجىزىلەرنىڭ سېھىردىن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى، ھەمدە سېھىرنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كىشىلەرگە ئاتا قىلىنغان ئىلىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش بولسا كېرەك. ئۇ دەۋردە سېھىرگەرلىك ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكتىن كىشىلەر پەيغەمبەرلەرنىمۇ سېھىرگەر، جادۇگەر (ئاللاھتىن پاناھ تىلەيمىز) دەپ چۈشىنىپ قالغان ئىدى. كىشىلەرنى مەزكۇر خاتا چۈشەنچىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى سىناش يۈزىسىدىن ئۇ ئىككى پەرىشتىگە سېھىر نازىل قىلىنغان. بۇ ئايەتتىن يەنە يەھۇدىيلاردىكى پىتنە-پاسات ۋە يامانلىقنىڭ ئالامەتلىرى مەلۇم بولىدۇ، ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ: بىز سىناق ئۈچۈن كەلگەن، سېھىر دېگەن كۇفرىلىقتۇر، دېگەنلىرىگە پەرۋا قىلماستىن سېھىر ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ سېھىر ئۆگىنىشتىكى مەقسىتى خاتىرجەم ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىش، ئەر-ئايالنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىش ئىدى. دېمەك بۇ ئۇلاردا ئومۇملىشىپ كەتكەن بۇزۇقچىلىق، چىرىكلىك ۋە يامانلىقلارنىڭ بىر تۈرى ۋە ئالامىتى ئىدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، سېھىرگە ئەگىشىش ۋە ئەخلاقتىن چەتنەش ھەر قانداق مىللەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئالامەتلەردىندۇر. ئاللاھ بىزنى ساقلىسۇن.

② يەنى بىز بەندىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەنمىز. (فەتھۇلقەدىر)

③ بۇ خۇددى باتىلنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن بىرەر ئۇستازدىن باتىل دىنلارغا ئالاقىدار ئىلىمنى تەلىم ئالغانغا ئوخشايدۇ. ئۇستاز ئۇنىڭدىن باتىل دىنلارنى بىتچىت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ھەققىدە چىن

ۋەدە ئالغاندىن كېيىن باتىل دىنلارغا ئالاقىدار ئىلىمنى ئۆگەتتىدۇ، لېكىن ئىلىم ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى دىنسىز بولۇپ كەتسە ياكى ئۇنى سۇيىئىستېمال قىلسا، بۇنىڭغا ئۇستاز گۇناھكار بولمايدۇ.

④ ئاللاھنىڭ رۇخسىتى ۋە ئىرادىسى بولماستىن سېھىر ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئۆگەنگەننىڭ قانداقمۇ پايدىسى بولسۇن؟! مۇشۇ سەۋەپتىن ئىسلام سېھىر ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى كۇفرىلىق دەپ بەلگىلىدى. ھەر قانداق ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىش ۋە زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھقىلا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۇ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، كائىناتتا ھەر قانداق ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

وَلَوْ أَنَّهُمْ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوْاْ لَمَثُوبَةٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ خَيْرٌۖ لَّوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ ﴿١٠٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقُولُواْ رَٰعِنَا وَقُولُواْ ٱنظُرْنَا وَٱسْمَعُواْۗ وَلِلْكَٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٠٤﴾ مَّا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ وَلَا ٱلْمُشْرِكِينَ أَن يُنَزَّلَ عَلَيْكُم مِّنْ خَيْرٍ مِّن رَّبِّكُمْۚ وَٱللَّهُ يَخْتَصُّ بِرَحْمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ ﴿١٠٥﴾

*ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھتىن قورققان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات (سېھىرگەرلىكتىن تاپقان مال ـ دۇنيادىن) ئەلۋەتتە ياخشى (بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن) بولاتتى. ئۇلار (ئىماندىن ۋە ئاللاھتىن قورقۇشتىن كېلىدىغان مۇكاپاتنىڭ قىممىتىنى) بىلسە ئىدى (ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى) [103]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! (پەيغەمبەرگە) «رائىنا» دەپ خىتاب قىلماي، «ئۇنزۇرنا»① دەپ خىتاب قىلىڭلار، (ئۇنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سېلىڭلار! كاپىرلارغا قاتتىق دەردلىك ئازاب بار [104]. ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ چۈشۈشىنى ياقتۇرمايدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ رەھمىتىنى خالىغان بەندىسىگە خاس قىلىدۇ،*

*ئاللاھ بۈيۈك پەزل ئىگىسىدۇر [105].*

① ﴿رَاعِنَا﴾ بىزگە قۇلاق سالغىن، بىزگە قارىغىن، دىققەت بەرگىن دېگەنلىك بولۇپ، گەپنى قىلغان ئادەم بۇ سۆز ئارقىلىق سۆزلىگۈچىنى ئۆزى تەرەپكە قارىتاتتى. لېكىن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىكى ۋە تەرسالىقى سەۋەبلىك ئۇ سۆزنى ئازراق بۇزۇپ، بۇرمىلاپ ئىشلىتەتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۆزگىرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ تەرسالىقتا تولغان قەلبى ئازراق تەسەللىي تاپاتتى. مەسىلەن: ئۇلار (رَاعِيْنَا) ھەي بىزنىڭ پادىچىمىز ياكى (يَا رَاعِنَا) ھەي ئەخمەق دېگەندەك سۆزلەرنى قىلاتتى. يەنە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» نىڭ ئورنىغا ئەسسامۇ ئەلەيكۇم (ساڭا ئۆلۈم كەلسۇن) دەيتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرنى ‹أُنْظُرْنَا› ‹ئۇنزۇرنا› (بىزگە قارىغىن) دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشكە ئەمر قىلدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، خاتا چۈشەنچىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئەدەپ-ئېھتىرام يۈزىسىدىن كەمسىتىش ۋە ھاقارەتلەش مەنىسى بار سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىشلىتىپ خىتاب قىلىش توغرا ئەمەس. بۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلەردە كاپىرلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىش زۆرۈردۇر. شۇنداق قىلغاندا مۇسۇلمانلار «كىمكى قايسى بىر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن ھەدىستىكى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەنبىھ ئاستىغا كىرمەيدۇ. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 4031-ھەدىس).

۞ مَا نَنسَخْ مِنْ ءَايَةٍ أَوْ نُنسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِّنْهَآ أَوْ مِثْلِهَآ ۗ أَلَمْ
تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٠٦﴾ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلْكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٠٧﴾
أَمْ تُرِيدُونَ أَن تَسْـَٔلُوا۟ رَسُولَكُمْ كَمَا سُئِلَ مُوسَىٰ مِن قَبْلُ ۗ وَمَن
يَتَبَدَّلِ ٱلْكُفْرَ بِٱلْإِيمَٰنِ فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿١٠٨﴾

*بىز قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ياخشىراق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش*

*بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز①. سەن ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ [106] ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ [107]. ياكى ئىلگىرى (يەھۇدىيلار) مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟② كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشىدىكەن، ئۇ راستىنلا توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ [108].*

① ﴿نَسَخْ﴾نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى نەقىل قىلىش دېمەكتۇر. لېكىن شەرىئەت ئاتالغۇسىدا بىر ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈمنى چۈشۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ. مەسىلەن: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بىر تۇغقان ئاكا بىلەن سىڭىلنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە نىكاھلاپ قويۇش جايىز ئىدى، كېيىن ھارام قىلىنغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر. شۇنىڭدەك يەنە ئاللاھ تائالا بەزى ئەھكاملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا يېڭى ھۆكۈم چۈشۈرگەن. شاھ ۋەلىييۇللاھ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئەھكاملار سانىنىڭ پەقەت بەش ئىكەنلىكىنى «الفوز الكبير» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلغان. بۇ ﴿نَسَخْ﴾ يەنى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، نەسخى مۇتلەق بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈم چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ. ئىككىنچىسى، تىلاۋىتى (ئوقۇش ئۈچۈن) قالدۇرۇلۇپ، ھۆكۈملا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولىدۇ. يەنى ئىلگىرىكى ھۆكۈمنىڭ لەۋزىلىرى قۇرئان كەرىمدە قالدۇرۇلىدۇ، تىلاۋەت قىلىنىدۇ، كېيىن نازىل قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ لەۋزىلىرىمۇ قۇرئاندا بار بولىدۇ. يەنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچى ھەر ئىككى ئايەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە تىلاۋەت قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىسى، پەقەت تىلاۋىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەت، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئانغا قوشمىغان، ئەمما ھۆكمى ئەمەلدىن قالمىغان ئايەت. مەسىلەن: «توي قىلغان ئەر باشقا بىر توي قىلغان ئايال بىلەن زىنا قىلسا، ئۇ ئىككىسىنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار!» (مۇۋەتتەئ ئىبنى مالىك 2-توم، 335-بەت، مۇسنەدى ئەھمەد

5-تـوم، 132-بەت) دېگـەن ئايەتتـە ھۆكۈمنـى ئەمەلدىـن قالدۇرۇشـنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىلى تېپىلىدۇ. «قانداقـلا بىـر ئايەتنـى ئەمەلدىـن قالدۇرساق» دېگـەن ئايەتتـە ئىككىنچى تۈردىكى، «ياكـى ئۇنتۇلدۇرساق» دېگەنـدە بىرىنچـى تۈردىكـى ھۆكۈمنـى ئەمەلدىـن قالـدۇرۇش زىكىر قىلىنغان. «ئۇنتۇلدۇرساق» دېگەنـدە ئايەتنىڭ ھۆكمى ۋە تىلاۋىتىنى يەنى ھـەر ئىككىسـىنى ئەمەلدىـن قالدۇرساق، دېگـەن ئۇقـۇم كـۆزدە تۇتۇلـدۇ. يەنى بۇ بىز ئۇنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئورنىغا يېڭى ھۆكۈم نازىل قىلدۇق ياكى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈۋەتتۇق ۋە ئەستىن چىقىرىپ، ئۇنتۇلدۇردۇق دېگەن بولىدۇ. يەھۇدىيلار تەۋراتنى ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدىغان كىتاب دەپ قارايتتى. ئۇلار قۇرئاندىكى بىر قىسىم ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بەردى، يەنى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئۇ نېمىنى مۇناسىپ كۆرسە، قانداق بىر ھۆكۈم ئۇنىڭ ھېكمىتى ۋە تەدبىرىگە مۇۋاپىق كەلگەن چاغدا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ياكى خالىسا ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامىتىدۇر. قەدىمقى ئازغۇنلاردىن (مۇئتەزىلە پىرقىسىگە مەنسۇپ ئەبۇ مۇسلىم ئىسپىھانى) ۋە بۈگۈنكى بىر قىسىم يېڭى ئازغۇنلارمۇ يەھۇدىيلاردەك قۇرئاندا نەسخ (ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش) نىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. لېكىن توغرىسى يۇقىرىدا بايان قىلىندى، ئىلگىرى ئۆتكەن سەلەف ئۆلىمالىرىمۇ نەسخ بار دەپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن.

② بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا خۇسۇسەن ساھابىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. يەنى سىلەر يەھۇدىيلاردەك تەكەببۇرلۇق بىلەن پەيغەمبىرىڭلاردىن ئورۇنسىز سوئاللارنى سورىماڭلار! كۆپ سوئال ئىگىسىنى كۇفرىغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

وَدَّ كَثِيرٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ لَوْ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعْدِ إِيمَٰنِكُمْ
كُفَّارًا حَسَدًا مِّنْ عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلْحَقُّ ۖ
فَٱعْفُوا۟ وَٱصْفَحُوا۟ حَتَّىٰ يَأْتِىَ ٱللَّهُ بِأَمْرِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ
قَدِيرٌ ﴿١٠٩﴾ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ ۚ وَمَا تُقَدِّمُوا۟ لِأَنفُسِكُم

مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١١٠﴾ وَقَالُواْ
لَن يَدْخُلَ ٱلْجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوْ نَصَٰرَىٰ ۗ تِلْكَ أَمَانِيُّهُمْ ۗ قُلْ
هَاتُواْ بُرْهَٰنَكُمْ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿١١١﴾ بَلَىٰ ۚ مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُۥ لِلَّهِ
وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُۥٓ أَجْرُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ
يَحْزَنُونَ ﴿١١٢﴾ وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ لَيْسَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ عَلَىٰ شَىْءٍ

***ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى ئاللاھ سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە)، سىلەر يەنىلا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [109]. نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى تاپىسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر① [110]. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار): «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىشتى. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار» دېگىن② [111]. ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. كىمكى (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىكەن)③، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. مۇنداق كىشىلەرگە ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ [112]. يەھۇدىيلار: «ناسارالار توغرا دىندا ئەمەس»④ دېدى.***

① يەھۇدىيلار ئىسلام دىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان

ئۈچەنلىكى ۋە ھەسەتخورلۇقى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن بۇرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ تۇراتتى. بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا: سەۋرچانلىق ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن سىلەرگە پەرز قىلىنغان ئەھكاملارنى ئىزچىل ئادا قىلىڭلار! دېيىلمەكتە.

② بۇ يەردە ئەھلى كىتاب مۇبتىلا بولغان مەغرۇرلۇق ۋە ئۆزىنى ئالداش قايتا بايان قىلىنىۋاتىدۇ. دېيىلدىكى، بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئاشماس ئارزۇسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھېچقانداق دەلىلى يوق.

③ ﴿أَسۡلَمَ وَجۡهَهُۥ لِلَّهِ﴾نىڭ مەنىسى ھەر ئىشنى پەقەت ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىش. ﴿وَهُوَ مُحۡسِنٞ﴾نىڭ مەنىسى سەمىمىيلىك بىلەن ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق ئىش قىلىش. ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشى مەزكۇر ئىككى ئاساسىي پرىنسىپقا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقتا قۇرۇق ئارزۇلار بىلەن ئەمەس، بەلكى مەزكۇر پرىنسىپلار بويىچە قىلغان ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ.

④ يەھۇدىيلار تەۋراتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن ئېيتىلغان ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىك ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئوقۇيتتى. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمايتتى. خرىستىئانلار بولسا، ئىنجىلدا تەۋراتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىتاب ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدىغان سۆزلەر تۇرسىمۇ، يەھۇدىيلارنى كاپىر دەپ قارايتتى. بۇ يەردە ئەھلى كىتاب بولغان ھەر ئىككى پىرقىنىڭ كۇفرىلىقى، تەرسالىقى ۋە ئۆزئارا بىر-بىرىنى خاتا چۈشەنگەنلىكى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ لَيۡسَتِ ٱلۡيَهُودُ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَهُمۡ يَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۗ
كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ مِثۡلَ قَوۡلِهِمۡۚ فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ
يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١١٣﴾ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن مَّنَعَ
مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ أَن يُذۡكَرَ فِيهَا ٱسۡمُهُۥ وَسَعَىٰ فِي خَرَابِهَآۚ أُوْلَٰٓئِكَ مَا
كَانَ لَهُمۡ أَن يَدۡخُلُوهَآ إِلَّا خَآئِفِينَۚ لَهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا خِزۡيٞ وَلَهُمۡ فِي

ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١١٤﴾

*ناسارالارمۇ: «يەھۇدىيلار توغرا دىندا ئەمەس» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، ناسارالار ئىنجىلنى) ئوقۇپ تۇرىدۇ، (كىتابنى) بىلمەيدىغان ئادەملەر (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرى)مۇ ئۇلار دېگەندەك (بىزدىن باشقىلار توغرا دىندا ئەمەس) دېدى①، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ [113]. ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ ئىسمىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان② ۋە ئۇ مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىشقا ئورۇنغانلاردىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟③ ئەنە شۇلار مەسجىدلەرگە پەقەت (ئاللاھتىن) قورققان ھالدىلا كىرىشى لازىم④، ئۇلارغا دۇنيادا رەسۋالىق، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار [114].*

① ئەھلى كىتابقا نىسبەتەن ئەرەب مۇشرىكلىرى» الأميين» «ساۋاتسىز» ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلىمسىز دەپ ئاتالدى. لېكىن ئۇلارمۇ مۇشرىك تۇرۇپ، يەھۇدىي ۋە ناسارالاردەك ئۆزلىرىنى ھەق ئۈستىدە دەپ دەۋا قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «صابئ «»دىنسىز» دەپ تۇرىۋالاتتى.

② مەسجىدلەردە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقانلار كىملەر؟ بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەرنىڭ ئىككى خىل كۆز قارىشى بار: بىرىنچىسى، ئۇلار خرىستىئانلار بولۇپ، رىم پادىشاسى بىلەن بىرلىشىپ، يەھۇدىيلارنى بەيتۇلمۇقەددەستە ناماز ئوقۇشتىن توسقان ھەم ئۇنى ۋەيران قىلىشقا قاتناشقاندى. بۇ ئىبنى جەرىرنىڭ قارىشى، لېكىن ھاپىز ئىبنى كەسىر ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلماستىن، ئۇلار مەككە مۇشرىكلىرىدۇر، دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ساھابىلىرىنى مەككىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان يەنە مۇسۇلمانلارنى كەئبىدە ئىبادەت قىلىشتىن توسقان، كېيىن ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان چاغدىمۇ مۇسۇلمانلارنى ھەرەمگە كىرىشتىن توسقان، ئاتىلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى مەككىگە كىرىشكە يول قويمايمىز دېيىشكەن. ھالبۇكى، ھېچكىمنىڭ كەئبىدە ئىبادەت قىلىشتىن چەكلەيدىغان ھوقۇقى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇنداق قائىدىمۇ يوق ئىدى.

③ مەسجىدنىڭ تاملىرىنى چېقىش ۋە بىناغا زىيان يەتكۈزۈشلا ۋەيران قىلىشقا كىرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھنىڭ نامىنى ياد قىلىشتىن توسۇش، شەرىئەتنى تەتبىقلاش، شېرىكنى يوق قىلىشتىن چەكلەشمۇ مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلغانلىق ۋە بەربات قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

④ بۇ سۆزلەر خەۋەر شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا، ئاللاھ تائالا سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلغان چاغدا، ئۇ مۇشرىكلارنى سۈلھىسىز، جىزيە تۆلىمەستىن مەككىدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلماڭلار، دېگەن بۇيرۇق ۋە ئىلاھىي خاھىش بار. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى مەككىنى فەتھى قىلغاندا: «كېلەر يىلدىن باشلاپ مۇشرىكلارنىڭ ھەج قىلىشىغا ۋە كەئبىنىڭ ئەتراپىنى يالىڭاچ ھالەتتە تاۋاپ قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىز بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلەرگە كېلىشىمنىڭ مۇددىتى توشقىچە مەككىدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ» دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پات يېقىندا غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ھەرەم مەسجىدىگە، بىز ئىلگىرى مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلغان ئىدۇق، ئۇلار ئەمدى بىزدىن ئىنتىقام ئالارمۇ ياكى ئۆلتۈرىۋېتەرمۇ، دەپ ئەندىشە قىلغان ۋە قورققان ھالدا كىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. ھەقىقەتتە بۇ بېشارەت تېزلا ئەمەلگە ئاشتى.

وَلِلَّهِ ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُ ۚ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا۟ فَثَمَّ وَجْهُ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿١١٥﴾ وَقَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا ۗ سُبْحَٰنَهُۥ ۖ بَل لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ كُلٌّ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ ﴿١١٦﴾ بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿١١٧﴾

*مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللاھنىڭدۇر، (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەر، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسىدۇر)①. شەكسىزكى، ئاللاھ (مەغپىرىتى ۋە رەھمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر [115]. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار،*

***مۇشرىكلار): «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېدى. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ (بۇ تۆھمەتتىن) پاكتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر [116]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان زاتتۇر. ئۇ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت «بول!» دەيدۇ ـ دە، ئۇ بولىدۇ② [117].***

① ھىجرەتتىن كېيىن مۇسۇلمانلار بەيتۇلمەقدىسكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى، بۇ ئىش ئۇلارنى بىر ئاز بىئارام قىلاتتى، شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت چۈشتى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە سەۋەبلەرنى بايان قىلدى: بىرىنچىسى، بۇ ئايەت، قىبلىنىڭ بەيتۇلمەقدىستىن كەئبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشكەندە، يەھۇدىيلار تارقاتقان ھەر خىل سۆز ۋە ئېتىرازلارغا قارىتا چۈشكەن. ئىككىنچىسى، بۇ ئايەت سەپەردە ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە ئۇلاغنىڭ بېشى قايسى تەرەپتە بولسۇن نەپلە ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چۈشكەن. بەزىدە بىر ئايەتنىڭ بىر قانچە چۈشۈش سەۋەبى ئۇچرايدۇ، بەزىدە بىر قانچە مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى بىلدۈرىدىغان بىرلا ئايەت نازىل بولىدۇ. ئەسلىدە ئۇنداق ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە بىر نەچچە رىۋايەتلەر كەلگەن بولۇپ، ھەربىر رىۋايەتتە بىر نازىل بولۇش سەۋەبى بايان قىلىنغان، باشقا بىر رىۋايەتتە يەنە بىر سەۋەب بايان قىلىنغان بولىدۇ. بۇ ئايەتمۇ ئاشۇ تۈردىكى ئايەتلەردىندۇر. (ئەھسەن تەپاسىردىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

② يەنى ئاسمان-زېمىندىكى ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئاللاھتۇر، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئاسمان-زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان زات ئاللاھتۇر. ئۇ ھەر قانداق ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا بول دەيدۇ-دە، ئۇ بولىدۇ. بۇنداق زاتقا بالىنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟!

وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ لَوْلَا يُكَلِّمُنَا ٱللَّهُ أَوْ تَأْتِينَآ ءَايَةٌۗ كَذَٰلِكَ
قَالَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّثْلَ قَوْلِهِمْۘ تَشَٰبَهَتْ قُلُوبُهُمْۗ قَدْ بَيَّنَّا
ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿١١٨﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًاۖ وَلَا

تُسْـَٔلُ عَـنْ أَصْحَـٰبِ ٱلْجَحِيـمِ ﴿١١٩﴾ وَلَـن تَـرْضَىٰ عَنـكَ ٱلْيَهُـودُ وَلَا
ٱلنَّصَـٰرَىٰ حَـتَّىٰ تَتَّبِـعَ مِلَّتَهُـمْ ۗ قُـلْ إِنَّ هُـدَى ٱللَّهِ هُـوَ ٱلْهُـدَىٰ ۗ وَلَـئِنِ
ٱتَّبَعْـتَ أَهْوَآءَهُـم بَعْـدَ ٱلَّذِى جَآءَكَ مِـنَ ٱلْعِلْـمِ مَـا لَـكَ مِـنَ ٱللَّهِ
مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٢٠﴾

***بىلمەيدىغانلار (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرى): «ئاللاھ بىز بىلەن سۆزلەشسە ياكى بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلسە بولمامتى؟» دەيدۇ①. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە) شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشاپ قالدى②. ھەقىقەتەن بىز ئايەتلەرنى شەكسىز ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بايان قىلدۇق [118]. (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز سېنى (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق (دىن) بىلەن ئەۋەتتۇق. دوزاختا كىرىدىغانلارغا (يەنى كاپىرلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلارغا) سەن جاۋابكار ئەمەسسەن [119]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە③ ئۇلار سەندىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەقەت ئاللاھنىڭ يولىلا توغرا يولدۇر»④. ساڭا (قۇرئاندىن ئىبارەت) ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشسىدىغان بولساڭ، سېنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ⑤ [120].***

① بۇ يەردىكى «بىلمەيدىغانلار» ئەرەب مۇشرىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ يەھۇدىيلاردەك «ئاللاھ تائالا نېمىشقا بىز بىلەن بىۋاستە سۆزلەشمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۆرۈپ مۇسۇلمان بولغىدەك بىرەر چوڭ مۆجىزە كۆرسەتمەيدۇ؟» دېگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ سوئاللىرى سۈرە ئىسرانىڭ 90-ئايىتىدىن 93-ئايىتىگىچە ۋە باشقا سۈرىلەردە بايان قىلىندى.

② يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ دىللىرى كۇفرىلىق، جاھىللىق، ئىنكار قىلىش ۋە ئىتائەتسىزلىكتە ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ دىللىرىغا

ئوخشاپ قالدى. مەسىلەن: سۈرە زارىياتتا مۇنداق كەلدى: ﴿شۇنىڭدەك (مەككىلىكلەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغاندەك) ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا، ئۇنى ئىنكار قىلىپ: ‹سېھىرگەر ياكى مەجنۇن› دېگەن ئىدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر - بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس) ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر﴾. يەنى ئۇلارنىڭ ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇشىدا بىر خىل ئورتاقلىق بار. شۇڭا ئۇلار ھەقكە دەۋەت قىلغۇچىلاردىن يېڭى-يېڭى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى ئۇلارنى ئەخمەق قىلماقچى بولىدۇ.

③ يەنى سەن يەھۇدىي ياكى خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلمىغۇچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ.

④ يەنى توغرا يول ۋە ھىدايەت ھازىر پەقەتلا ئىسلام دىنىدۇر. ئۇنىڭغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. يەھۇدىي ۋە خىرىستىئان دىنلىرى بۇرمىلانغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئەسلا توغرا ئەمەس.

⑤ بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ساڭا ھەق زاھىر بولغاندىن كېيىن ئازغۇنلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەگەشسەڭ، ساڭا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلمەكتە. ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇكى، بىدئەتچىلەر ۋە ئازغۇنلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگەشمەڭلار، دىندا خۇشامەت قىلماڭلار، ھەقىقەتنى بۇرمىلاشتىن ۋە خاتا ئىزاھلاشتىن ساقلىنىڭلار!

ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَتْلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ يُؤْمِنُونَ
بِهِۦ ۗ وَمَن يَكْفُرْ بِهِۦ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٢١﴾ يَٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ
ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتِىَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَنِّى فَضَّلْتُكُمْ عَلَى
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢٢﴾ وَٱتَّقُوا۟ يَوْمًا لَّا تَجْزِى نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْـًٔا وَلَا
يُقْبَلُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا تَنفَعُهَا شَفَٰعَةٌ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿١٢٣﴾ ۞ وَإِذِ
ٱبْتَلَىٰٓ إِبْرَٰهِۦمَ رَبُّهُۥ بِكَلِمَٰتٍ فَأَتَمَّهُنَّ ۖ

*بىر كىتاب بەرگەنلەر① (ئىچىدىن بەزى مۇئمىنلەر) كىتابنى تەلەپكە لايىق ئوقۇيدۇ② ، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىمكى كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر③ [121]. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە (بىر زامانلاردا) سىلەرنى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار [122]. سىلەر ھېچكىم ھېچكىمگە قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان، ھېچكىمدىن فىديە (قۇتۇلۇش پۇلى) قوبۇل قىلىنمايدىغان، شاپائەت پايدا بەرمەيدىغان ۋە كاپىرلارغا ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار [123]. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى رەببى بىر قانچە ئەمر - پەرمان (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرى) بىلەن سىنىغان④ ، ئىبراھىمۇ ئۇلارنى تولۇق ئورۇندىغان ئىدى،*

① يۇقىرىدا ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى گۇناھكار كىشىلەرنىڭ يامان قىلمىشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى گۈزەل ئەخلاقلىق ئىگە، ياخشى كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە مۇسۇلمان بولغانلىق خەۋىرى بېرىلىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مۇشەررەپ بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

② «كىتابنى تەلەپكە لايىق ئوقۇيدۇ» دېگەننىڭ بىر نەچچە مەنىسى بار: 1. كۆڭۈل قويۇپ، تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇيدۇ، جەننەت تىلغا ئېلىنسا، جەننەتنى سورايدۇ؛ جەھەننەم تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەيدۇ. 2. ئۇنىڭدىكى ھالالنى ھالال، ھارامنى ھارام دەپ چۈشىنىدۇ، (باشقا يەھۇدىيلارغا ئوخشاش) ئاللاھنىڭ كالامىنى بۇرمىلىمايدۇ. 3. ئۇنىڭدا نېمە يېزىلغان بولسا، ئۇنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىكى ھېچنەرسىنى يوشۇرمايدۇ. 4. مەنىسى ئوچۇق بولغان سۆزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئىمان كەلتۈرىدۇ، چۈشەنمىگەن سۆزلەرنى ئۆلىمالاردىن سوراپ چۈشىنىدۇ. 5. ئۇنىڭدىكى ھەربىر ھۆكۈمگە تولۇق ئەگىشىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) ھەقىقەت شۇكى، مەزكۇر مەنىلەر تەلەپكە لايىق ئوقۇشنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ، ھىدايەتمۇ مۇشۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەن كىشىلەرگە نېسىپ بولىدۇ.

③ ئەھلى كىتابتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە

ئىمان ئېيتمىغانلار دوزاختا كىرىدۇ. بۇ سەھىھ ھەدىستە بايان قىلىنغان. (سەھىھ مۇسلىم 153 - ھەدىسكە قاراڭ)

④ ﴿كَلِمَاتٍ﴾ دېگەندە شەرىئەت ئەھكاملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ھەج ئىبادەتلىرى، ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇش، ھىجرەت قىلىش، نەمرۇدنىڭ ئوتقا تاشلىشى قاتارلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كەلگەن سىناقلار. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەممە سىناقلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە «ئىنسانلارنىڭ پېشۋاسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شۇڭا مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، بەلكى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار، ھەتتا ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ھەممىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتكە سازاۋەر يولباشچى، پېشۋا، رەھبەر دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا ۖ قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِي ۖ قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ ﴿١٢٤﴾ وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْنًا وَاتَّخِذُوا مِن مَّقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًّى ۖ وَعَهِدْنَا إِلَىٰ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ ﴿١٢٥﴾

*ئاللاھ (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم ئىنسانلارغا (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىم ئىچىدىنمۇ (پېشۋالارنى چىقارساڭ)»① دېدى. ئاللاھ: «(سېنىڭ نەسلىڭدىن بولسىمۇ، يامان ئىش قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار مېنىڭ بۇ ۋەدەمگە ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى [124]. ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۈچۈن ساۋاب ئالىدىغان ۋە ئامانلىقتا تۇرىدىغان جاي قىلىپ بەردۇق②. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى ناماز ئوقۇيدىغان يەر قىلىڭلار③ (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق). ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا: «مېنىڭ ئۆيۈمنى (يەنى كەبىنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇڭلار، دەپ بۇيرۇدۇق [125].*

① ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تىلىكىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ تىلەكنىڭ قوبۇل بولغانلىقى قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىندى: ﴿پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلدۇق﴾. (سۈرە ئەنكەبۇت 27-ئايەت) ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە كىتاب نازىل قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) شۇنىڭ بىلەن يەنە ئاللاھ: ﴿(سېنىڭ نەسلىڭدىن بولسىمۇ، يامان ئىش قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار مېنىڭ بۇ ۋەدەمگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾ دېيىش ئارقىلىق، گەرچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ماقام ۋە مەرتىۋىسى يۇقىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن نائەھلى، زالىم ۋە مۇشرىك بولغانلارنى بەختسىزلىك ۋە مەھرۇملۇقتىن قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «پەيغەمبەر ئەۋلادىمەن» دەپ ھەددىدىن ئاشىدىغانلارنىڭ يولىنى ئەتتى. ئەگەر ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەلى بولمىسا، ئەۋلىيانىڭ ياكى خانىنىڭ بالىسى بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچ قەدر-قىممىتى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «كىمنى قىلمىشى كەينىدە قالدۇرۇپ قويسا، نەسەبى ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلىتەلمەيدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم 2699-ھەدىس)

② ئاللاھ تائالا كەئبىنى تۇنجى قېتىم قۇرغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك بەيتۇللاھنىڭ ئىككى خۇسۇسىيىتىنى بايان قىلدى: بىرىنچىسى، ﴿ مَثَابَةً﴾ (كىشىلەر ساۋاب ئالىدىغان جاي). يەنە بىر مەنىسى تەكرار كېلىدىغان جاي بولۇپ، بەيتۇللاھنى بىر قېتىم زىيارەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ھەر قانداق كىشى ئۇ يەرگە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم كېلىش ئىشتىياقىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشتىياقى ھەرگىز تەسكىن تاپمايدۇ، بەلكى كۈنسېرى ئېشىپ بارىدۇ. ئىككىنچىسى، بۇ «ئامانلىقتا تۇرىدىغان جاي» يەنى بۇ يەردە ھەر قانداق بىر دۈشمەندىن قورقۇش بولمايدۇ. شۇڭا ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ، كىشىلەر ھەرەمنىڭ چېگرا دائىرىسىدە ھېچبىر قاتىلدىن قىساس ئالمايتتى. ئىسلام كېلىپ، كەئبىنىڭ مەزكۇر ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالدى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ھۆرمەتلەشنى تەكىتلىدى.

③ «ماقامى ئىبراھىم» ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈستىدە تۇرۇپ كەئبىنى ياسىغان تاشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياغ ئىزى بار بولۇپ، ھازىر ئۇ تاش بىر ئەينەك جازىنىڭ ئىچىدە ساقلىنىدۇ، ھەج ۋە ئۆمرىگە كەلگەن ھەر كىشى ئۇنى ئاسانلا كۆرەلەيدۇ. ھەربىر تاۋاپ قىلغۇچى تاۋاپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مۇشۇ ماقامدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان. ﴿(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار، (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار، دېدۇق)﴾.

وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَٰذَا بَلَدًا ءَامِنٗا وَٱرۡزُقۡ أَهۡلَهُۥ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ مَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُم بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُۥ قَلِيلٗا ثُمَّ أَضۡطَرُّهُۥٓ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلنَّارِۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ١٢٦ وَإِذۡ يَرۡفَعُ إِبۡرَٰهِـۧمُ ٱلۡقَوَاعِدَ مِنَ ٱلۡبَيۡتِ وَإِسۡمَٰعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلۡ مِنَّآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ١٢٧ رَبَّنَا وَٱجۡعَلۡنَا مُسۡلِمَيۡنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةٗ مُّسۡلِمَةٗ لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبۡ عَلَيۡنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ١٢٨ رَبَّنَا وَٱبۡعَثۡ فِيهِمۡ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُزَكِّيهِمۡ

***ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «ئى رەببىم! بۇ شەھەر (مەككە)نى تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن»① دېدى. ئاللاھ: «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (بۇ مېۋىلەردىن) ئازغىنە مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا مەجبۇرلايمەن» دېدى. (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان بارار جاي - ھە! [126] ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «ئى رەببىمىز! (بۇ ئەمەلىمىزنى) بىزدىن قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (بەندىلىرىڭنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن،***

***(ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن [127]. ئى رەببىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەج ئىبادەتلىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن [128]. ئى رەببىمىز! بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن سېنىڭ ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىدىغان، كىتابىنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى② (يەنى سۈننەتنى) ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان③ بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن④.***

① ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، مەككىنى تىنچلىق ۋە مولچىلىقتا تەڭداشسىز شەھەر قىلدى. بۇ شەھەر ئېكىنىسىز (ئېكىنزارلىق يوق) بىر ۋادى بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تېپىلىدىغان پۈتۈن دۇنيانىڭ مېۋىلىرى ۋە ھەر خىل يېمەكلەرنىڭ موللىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

② «كىتاب» دېگەندە قۇرئان كەرىم، «ھېكمەت» دېگەندە ھەدىس شېرىپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئايەتلىرىڭنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان» دېگەندىن كېيىن، «كىتابىڭنى ۋە ھېكمەتنى ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان» دەپ كەلگەن ئىبارىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ تەلەپ قىلىنىدىغان ساۋابلىق ئەمەلدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنسە، (سۇبھانەللاھ) ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ئىش بولىدۇ. ئەمما قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى تىلاۋەت قىلىشقا سەل قاراش ۋە بوشاڭلىق قىلىش جايىز بولمايدۇ. تىلاۋەت قىلىشمۇ ئۆزىگە لايىق ئايرىم بىر ياخشى ئەمەلدۇر، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تىرىشماق لازىم.

③ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىشىدىكى مەقسەت كىتابنى تىلاۋەت قىلىش، ئۆگىتىش، ھېكمەتنى تەلىم بېرىشتىن باشقا يەنە كىشىلەرنى شېرىك، خۇراپات ۋە ناچار ئىللەتلەردىن پاكلاش ئۈچۈندۇر.

④ بۇ ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئاخىرقى دۇئاسى بولۇپ، ئۇنىمۇ ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بوۋام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشارىتى ۋە ئانامنىڭ ئارزۇسىمەن.» دېگەن. (ئەلفەتھۇل رەببانى، 20-توم، 181-، 189-بەت، مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 262-بەت)

إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٢٩﴾ وَمَن يَرۡغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبۡرَٰهِـۧمَ إِلَّا
مَن سَفِهَ نَفۡسَهُۥۚ وَلَقَدِ ٱصۡطَفَيۡنَٰهُ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ
لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٣٠﴾ إِذۡ قَالَ لَهُۥ رَبُّهُۥٓ أَسۡلِمۡۖ قَالَ أَسۡلَمۡتُ لِرَبِّ
ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٣١﴾ وَوَصَّىٰ بِهَآ إِبۡرَٰهِـۧمُ بَنِيهِ وَيَعۡقُوبُ يَٰبَنِيَّ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰ
لَكُمُ ٱلدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿١٣٢﴾

***چۈنكى سەن غالىپسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى [129]. ئۆزىنى ئۆزى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەكسىزكى، ئۇ ئاخىرەتتە ئەلۇەتتە ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ① [130]. ئۆز ۋاقتىدا رەببى ئۇنىڭغا: «سەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا ئىتائەت قىلدىم» دېگەن ئىدى② [131]. ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىننى (يەنى ئىسلامنى) تاللىدى، شۇڭا سىلەر پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)»③ دېدى [132].***

① ئەرەب تىلىدا «رغب» (رىغبىتى بار) دېگەن سۆز «عن» بىلەن بىر يەردە كەلسە، رىغبىتى يوق، يۈز ئۆرۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاتا قىلغان مەرتىۋە ۋە پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈش، ئۇنىڭغا رىغبەتتە بولماسلىق ئەخمەقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەقىللىق ئادەمنىڭ بۇنداق ئەخمەقلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندۈرگەن.

② ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىكى بۇ پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىق ئۇنىڭ ئىتائەتچانلىقتا، سەممىيلىكتە مىسلىسىز نەمۇنە بولغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەندۇر.

③ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام باللىرىغا تەۋسىيە قىلغان «دىن» يەھۇدىي دىنى ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ھەقىقەتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. قۇرئاننىڭ باشقا ئايەتلىرىدىمۇ بۇ نۇقتا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر﴾. (سۈرە ئال ئىمران 19-ئايەت) ۋە باشقا ئايەتلەر.

أَمۡ كُنتُمۡ شُهَدَآءَ إِذۡ حَضَرَ يَعۡقُوبَ ٱلۡمَوۡتُ إِذۡ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعۡبُدُونَ مِنۢ بَعۡدِيۖ قَالُواْ نَعۡبُدُ إِلَٰهَكَ وَإِلَٰهَ ءَابَآئِكَ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ إِلَٰهٗا وَٰحِدٗا وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ﴿١٣٣﴾ تِلۡكَ أُمَّةٞ قَدۡ خَلَتۡۖ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَلَكُم مَّا كَسَبۡتُمۡۖ وَلَا تُسۡـَٔلُونَ عَمَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٣٤﴾ وَقَالُواْ كُونُواْ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰ تَهۡتَدُواْۗ قُلۡ بَلۡ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِـۧمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٣٥﴾

*(ئى يەھۇدىيلار!) يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ ① شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭ — ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى [133]. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن*

*بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى توغرۇلۇق جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر② [134]. (يەھۇدىي ۋە ناسارالار): «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، توغرا يول تاپقان بولىسىلەر» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) سەن «ياق! بىز توپتوغرا يول بولغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلەردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن③ [135].*

① بۇ يەردە يەھۇدىيلار ئەيىبلىنىپ، سىلەر ئىبراھىم ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالاملار ئەۋلادلىرىغا يەھۇدىي دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلغان دەپ دەۋا قىلىۋاتىسىلەر، ئۇلار ۋەسىيەت قىلغان چاغدا سىلەر ئۇلارنىڭ يېنىدا بارمىدىڭلار؟ دېيىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار: بىز بار ئىدۇق، دېسە، يالغانچىلىق، كاززاپلىق، بوھتان قىلغان بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار: بىز ئۇلارنىڭ يېنىدا بولمىغان ئىدۇق، دېسە، ئۇلارنىڭ يالغان دەۋا قىلغانلىقى ئايان بولىدۇ. چۈنكى ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملار ئەۋلادلىرىغا يەھۇدىي، خرىستىئان، بۇددا دىنىنى ئەمەس، ئىسلام دىنىنى تەۋسىيە قىلغان. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتى ۋە تۇتقان يوللىرىدا مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دىنى ئىسلام ئىدى. بۇ نۇقتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بايان قىلغان: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى، (ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىمىز پەرقلىق بولسىمۇ) دىنىمىز بىردۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 3443 ـ ھەدىس)

② بۇمۇ يەھۇدىيلارغا دېيىلگەن سۆز بولۇپ، سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلار ئۆتكەن، سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقىڭلار سىلەرگە ھېچ مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمىلىنىڭ ساۋابى سىلەرگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا بېرىلىدۇ، سىلەر قىلغان ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى سىلەرگىلا بېرىلىدۇ، دېيىلمەكتە. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە تايىنىش ياكى ئۇلاردىن مەدەت تىلەش توغرا ئەمەس. ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل ئىلگىرىكى سالىھلارنىڭ سەرمايىسى ئىدى، ئۇ يەنە قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭمۇ بىردىنبىر

نىجاتلىق ۋاستىسىدۇر.

③ يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنى يەھۇدىي دىنىغا، خرىستىئانلار خرىستىئان دىنىغا دەۋەت قىلىپ، ھىدايەت مۇشۇ دىنىدا دەيدۇ. بۇ يەردە ئۇلارغا رەددىيە بېرىلدى، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ھىدايەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىشتە، ئۇ ﴿ حَنِيفًا﴾ توغرا يول تاپقۇچى (بارلىق خاتا مەبۇدلاردىن يۈز ئۆرۈپ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى) ئىدى، مۇشرىك ئەمەس ئىدى. ئەمما يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ ھەربىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن شېرىك ئەمەللەر كۆپتۇر. ئەپسۇسكى ھازىرمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە شېرىكنىڭ ئالامەتلىرى ئومۇملىشىپ قالدى، گەرچە ئىسلام تەلىماتلىرى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن قۇرئان ۋە ھەدىستە ساقلانغان، ئۇنىڭدىكى تەۋھىد تەسەۋۋۇرى ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن بولغانلىقتىن، يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەل ۋە ئېتىقادلىرىدا مۇشرىكانە ئىدىيە ۋە خۇراپاتلار ساقلانماقتا. ئۇ خۇراپاتلار دۇنيانىڭ نەزىرىدىكى ئىسلامنىڭ ئىمتىيازلىق ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتتى. چۈنكى، دىنىسىز كىشىلەر قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمايدۇ، ئۇلار پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارايدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئىسلامنى باشقا مۇشرىكانە ئىدىيىدىكى خۇراپىي دىنلاردىن ئانچە پەرقى يوقكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتە ئىماننىڭ ئۆلچىمى بايان قىلىنىدۇ.

قُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَمَآ أُنزِلَ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ
وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَمَآ أُوتِيَ
ٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمۡ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّنۡهُمۡ وَنَحۡنُ لَهُۥ
مُسۡلِمُونَ ١٣٦ فَإِنۡ ءَامَنُواْ بِمِثۡلِ مَآ ءَامَنتُم بِهِۦ فَقَدِ ٱهۡتَدَواْۖ وَّإِن
تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا هُمۡ فِي شِقَاقٖۖ فَسَيَكۡفِيكَهُمُ ٱللَّهُۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلۡعَلِيمُ ١٣٧

*(ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارغا) ئېيتىڭلاركى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋرات)قا، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىل)غا، پەيغەمبەرلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەن (ۋەھىيلەر)گە ئىمان ئېيتتۇق، (بىز ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز). بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»① [136]. ئەگەر ئەھلى كىتاب سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتسا، ئەلۋەتتە (سىلەرگە) قارشى مەيداندا تۇرغان بولىدۇ، (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا قارشى) ئاللاھ ساڭا كۇپايىدۇر②. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە ـ مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [137].*

① يەنى ئۆلچەملىك ئىمان شۇكى، بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ھەممە ۋەھيگە ئىمان كەلتۈرۈش، ھېچبىر كىتاب ياكى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلماسلىقتۇر. بىر كىتاب ياكى بىر پەيغەمبەرنى قوبۇل قىلىپ، باشقا كىتاب ياكى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىغانلىق ھېسابلىنىدۇ، ئىسلام بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئەمما ھازىرقى دەۋردە پەقەت قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىگىلا ئەمەل قىلىنىدۇ. ئىلگىرىكى كىتابلاردا يېزىلغان نەرسىلەرگە ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن، ئۇ كىتابلار ئەسلي ھالىتىدە ساقلانمىغان ۋە بۇرمىلانغان. ئىككىنچىدىن، قۇرئان كەرىم ئۇ كىتابلارنىڭ ھەممىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

② ساھابە كىراملارمۇ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مەزكۇر ئۆلچەم بويىچە ئىمان ئېيتقاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەرنىڭ ئىمانى مىسال كەلتۈرۈلدى. يەنى ئى ساھابىلەر! ئەگەر ئۇلار (ئەھلى كىتاب ۋە باشقىلار) سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئاندىن ھەقىقي

ھىدايەت تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلار (ئى پەيغەمبەر!) سەن بىلەن دۈشمەنلىك ئىچىدە بولغان بولىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ساڭا ھېچ زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارغا قارشى ئاللاھ تائالا ساڭا كۇپايە قىلىدۇ، دېيىلمەكتە. ھەقىقەتەن بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ ۋەدە ئەمەلگە ئاشتى، بەنۇ قەينۇقا ۋە بەنۇ نەزىر قەبىلىلىرى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى، بەنۇ قۇرەيزە قەبىلىسى ئۆلتۈرۈلدى. تارىخىي رىۋايەتلەردە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت بولغان چاغدا قولىدا قۇرئان بار ئىدى. قۇرئاننىڭ ﴿ئۇلارغا قارشى ئاللاھ ساڭا كۇپايىدۇر﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قېنى ئېقىپ كەتكەن بولۇپ، ئەنە شۇ قۇرئان ھازىرمۇ تۈركىيەدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

صِبۡغَةَ ٱللَّهِ وَمَنۡ أَحۡسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبۡغَةٗۖ وَنَحۡنُ لَهُۥ عَٰبِدُونَ ١٣٨
قُلۡ أَتُحَآجُّونَنَا فِي ٱللَّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمۡ وَلَنَآ أَعۡمَٰلُنَا وَلَكُمۡ
أَعۡمَٰلُكُمۡ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُخۡلِصُونَ ١٣٩ أَمۡ تَقُولُونَ إِنَّ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ
وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطَ كَانُواْ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰۗ قُلۡ ءَأَنتُمۡ
أَعۡلَمُ أَمِ ٱللَّهُۗ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن كَتَمَ شَهَٰدَةً عِندَهُۥ مِنَ ٱللَّهِۗ وَمَا
ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ١٤٠

***(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھنىڭ (بەرگەن) بويىقىنى (يەنى دىنىنى) مەھكەم تۇتۇڭلار، ئاللاھنىڭمۇ گۈزەل بوياق بېرەلەيدىغان كىم بار؟ (ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟)①  «بىز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز» (دەڭلار)*** [138]. ***(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھ توغرۇلۇق بىز بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ بىزنىڭمۇ رەببىمىز، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، بىز ئاللاھقا سادىقمىز» دېگىن②*** [139]. ***«ياكى***

***سىلەر ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر يەھۇدىي ئىدى ياكى ناسارا ئىدى» دەمسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «(ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى ئاللاھمۇ؟*** ③ ***قولىدىكى ئاللاھتىن (كەلگەن كىتابتىكى) بىر گۇۋاھلىقنى يوشۇرغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر»*** ④ ***[140].***

① خرىستىئانلارنىڭ ئادىتى بويىچە يېڭى تۇغۇلغان بالىنى ۋە خرىستىئان قىلماقچى بولغان كىشىنى «مەئمۇدىيە» دەپ ئاتىلىدىغان سېرىق سۇ بىلەن يۇياتتى، ئاندىن ئۇنى ھەقىقىي خرىستىئان بولدى ۋە پۇتۇنلەي پاك بولدى دەپ قارايتتى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ، بۇ رەسمىيەتنى ئۆتىمىگەن كىشىنى پاك دەپ قارىمايتتى. ﴿صِبْغَةَ اللّٰهِ﴾ «ئاللاھنىڭ (بەرگەن) بويىقى» دېگەن ئاللاھنىڭ دىنىنى يەنى ئىسلام دىنىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇلارغا رەددىيە بەردى. يەنى ئەسلىي بوياق ئاللاھنىڭ بويىقىدۇر، ئاللاھنىڭ بويىقىدىن ياخشىراق ھېچ بوياق يوقتۇر. دېمەك ھەقىقىي پاكلىق سېرىق سۇدا يۇيۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بويىقى بىلەن بويىلىش يەنى ئۇنىڭ دىنىغا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ. ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز دەۋرىدە ئۈممىتىنى مۇشۇ دىنغا دەۋەت قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەۋىتى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان تەۋھىد دەۋىتىدۇر.

② سىلەر، بىزنىڭ بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى بولغانلىقىمىز، ئۇنىڭغا سادىق ۋە سەمىمىي بولغانلىقىمىز، ئەمرىگە بويسۇنۇپ، چەكلىمىلىرىدىن يانغانلىقىمىز توغرىسىدا بىز بىلەن جېدەللىشەمسىلەر؟! ھالبۇكى، ئۇ بىزنىڭلا پەرۋەردىگارىمىز ئەمەس، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا بىزگە ئوخشاش ئىبادەت قىلىشىڭلار لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزمۇ ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر. بىز بولساق ئاللاھقا سەمىمىيلىك بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز.

③ سىلەر: بۇ پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ئىدى، دەيسىلەر، ئاللاھ تائالا ئۇ سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئەمدى ئۆزۈڭلار دەپ بېقىڭلار، ئاللاھ زىيادە بىلىملىكمۇ ياكى سىلەرمۇ؟

④ سىلەر بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىسىلەر، سىلەرگە بېرىلگەن كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى توغرىسىدا دەلىللەر بار. سىلەر بۇ دەلىللەرنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ، ناھايىتى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار ئاللاھ تائالاغا مەخپىي ئەمەستۇر.

تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَلَكُم مَّا كَسَبْتُمْ وَلَا تُسْـَٔلُونَ عَمَّا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿١٤١﴾

***ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى توغرۇلۇق جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر① [141].***

① بۇ ئايەتتىمۇ ئەمەل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بايان قىلىنىپ، بۇزرۇكۋارلارغا ئۆزلىرىنى مەنسۇپ قىلىش ياكى ئۇلارغا تايىنىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق ئىكەنلىكى روشەنلەشتۈرۈلدى. چۈنكى «كىمنى قىلغان ئەملى كېچىكتۈرگەن بولسا، نەسەبى ئۇنى ئالغا ئىلگىرلىتەلمەيدۇ» (سەھىھ مۇسلىم 2699-ھەدىس) يەنى كىمكى ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ كىشىنىڭ ياكى يۇزلۇك كىشىنىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۇنى سالىھلار قاتارىغا كىرگۈزەلمەيدۇ. دېمەك ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ سىلەرگە پايدىسى يوق. ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى بىلەنمۇ سىلەر جازالانمايسىلەر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ھەققىدە سىلەر سوراققا تارتىلمايسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارغا جاۋابكار ئەمەستۇر. ﴿ھېچبىر گۇناھكار ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ﴾. (سۈرە فاتىر 18-ئايەت)، ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾. (سۈرە نەجم 39-ئايەت)

۞ سَيَقُولُ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَ ٱلنَّاسِ مَا وَلَّىٰهُمۡ عَن قِبۡلَتِهِمُ ٱلَّتِي كَانُواْ عَلَيۡهَاۚ قُل لِّلَّهِ ٱلۡمَشۡرِقُ وَٱلۡمَغۡرِبُۚ يَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿١٤٢﴾ وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَٰكُمۡ أُمَّةٗ وَسَطٗا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيۡكُمۡ شَهِيدٗاۗ

***بەزى ئەخمەق كىشىلەر: «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئمىنلەرنى) يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە بۇرىۋەتكەندۇ؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەممبەر!) ئېيتقىنكى، «مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى ھەممە تەرەپ) ئاللاھنىڭدۇر① ، ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ» [142]. شۇنىڭدەك (يەنى بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك) سىلەرنىڭ (پەيغەمبەرلەرنىڭ) كىشىلەرگە (دىنىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە) گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ۋە بۇ پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى) سىلەرگە (تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە) گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادالەتلىك ياخشى ئۈممەت قىلدۇق②***

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ، مەدىنىگە كەلگەندە 16ـ17 ئايغىچە بەيتۇلمۇقەددەس (بەيتۇلمەقدىس، ئەلقۇدس، ئېرۇسالىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇپ تۇردى، ئۇ كۆڭلىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغان خانە كەئبىگە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ قايتا-قايتا دۇئا قىلاتتى، ئاخىرى ئاللاھ تائالا قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنى باھانە قىلىپ يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار پىتنە پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، ناماز ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنىدىغان بىر ئىبادەت بولۇپ، ئىبادەتتە ئىبادەت قىلغۇچى قانداق ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بولسا، شۇنداق ئىبادەت قىلىشى كېرەك. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا قايسى تەرەپكە يۈزلىنىشكە بۇيرۇغان بولسا، شۇ تەرەپكە يۈزلىنىش زۆرۈر ئىدى. يەنە مەشرىق بىلەن مەغرىب ھەممە تەرەپ ئىبادەت قىلىنغۇچى مەبۇدنىڭ ئىلكىدىدۇر. شۇڭا تەرەپلەر ئانچە مۇھىم ئەمەس، چۈنكى ھەر قايسى تەرەپلەرگە يۈزلىنىپ

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بولىدۇ، شەرتى شۇ تەرەپكە يۈزلىنىپ ئىبادەت قىلىشقا ئاللاھ بۇيرۇغان بولۇشى كېرەك. قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدىكى مەزكۇر بۇيرۇق ئەسىر ۋاقتىدا كەلگەن ئىدى، ئەسىر نامىزى خانە كەئبىگە يۈزلەنگەن ھالدا ئادا قىلىندى.

② ﴿ وَسَطًا ﴾نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ئوتتۇرا دېگەنلىكتۇر. لېكىن ئۇ ياخشى، ئەۋزەل دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە ياخشى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. يەنى سىلەرگە ھەممىدىن ياخشى قىبلە ئاتا قىلغانىدەك، سىلەرنى ھەممىدىن ئەۋزەل ئۈممەت قىلدۇق، بۇنىڭدىن مەقسەت سىلەرنىڭ كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿(ئاللاھ) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)﴾. (سۈرە ھەج 78-ئايەت) بۇ نۇقتا بەزى ھەدىسلەردە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ئىمام ئەھمەد، ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى بىر پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك كىشى كېلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى چاقىرىلىپ ئۇلاردىن: بۇ پەيغەمبەر سىلەرگە (دىنىنى) يەتكۈزدىمۇ؟ دەپ سورۇلىدۇ. ئۇلار: ياق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەردىن: ‹سەن ئۈممىتىڭگە (دىنىنى) يەتكۈزگەنمۇ؟› دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن: ‹(سېنىڭ يەتكۈزگەنلىكىڭگە) كىم گۇۋاھ؟› دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ‹مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى گۇۋاھ› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى چاقىرىلىپ ئۇلاردىن: بۇ پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئۈممىتىگە (دىنىنى) يەتكۈزگەنمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار (گۇۋاھلىق بېرىپ): ھەئە دەپ جاۋاب بېرىدۇ». شۇ ۋەجىدىن ﴿وَسَطًا﴾نىڭ ئادالەتلىك دېگەن مەنىسىمۇ بار. (تەپسىر ئىبنى كەسىر).

﴿ وَسَطًا﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى مۆتىدىل، ئوتتۇرا ھال، دېمەكتۇر. يەنى مۆتىدىل، ئوتتۇرا ھال ئۈممەت، دىندا مۇبالىغە قىلىپ ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەيدىغان ۋە كەمتۈك ئىش قىلىپ، چالا قويۇپ قويمايدىغان ئۈممەت دېگەن مەنىدە. دېمەك ئىسلام تەلىماتى ئوتتۇرا ھال بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھېچبىر ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشكە ياكى چالا قويۇپ قويۇشقا رۇخسەت قىلمايدۇ.

وَمَا جَعَلْنَا ٱلْقِبْلَةَ ٱلَّتِى كُنتَ عَلَيْهَآ إِلَّا لِنَعْلَمَ مَن يَتَّبِعُ
ٱلرَّسُولَ مِمَّن يَنقَلِبُ عَلَىٰ عَقِبَيْهِ ۚ وَإِن كَانَتْ لَكَبِيرَةً إِلَّا عَلَى ٱلَّذِينَ
هَدَى ٱللَّهُ ۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِيعَ إِيمَٰنَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٌ
رَّحِيمٌ ﴿١٤٣﴾ قَدْ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِى ٱلسَّمَآءِ ۖ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً
تَرْضَىٰهَا ۚ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ ۚ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ
فَوَلُّوا۟ وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُۥ ۗ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ
ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٤٤﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) سەن يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى دەسلەپتە) قىبلە قىلغانلىقىمىز (ئاندىن سېنى ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كەئبىگە يۈزلىنىشكە بۇيرۇغانلىقىمىز) پەقەت پەيغەمبەرگە ئەگىشىدىغانلارنى (دىنىدىن) يېنىۋالىدىغانلاردىن ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر①. (قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر (مۈشكۈل) دۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ②. چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر [143]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنىڭ (كەئبەنىڭ قىبلە بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. مانا ئەمدى بىز سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قاراتقىن. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرمۇ قەيەردە بولساڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قارىتىڭلار. شەكسىزكى، (ئىلگىرى ئۆزلىرىگە) كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ) رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ③، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەستۇر [144].***

① بۇ يەردە قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىكى مەقسەت بايان قىلىندى. ئىماندا سادىق مۇئمىنلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇق-ئىشارەتلىرىگە جىددىي قارايتتى. شۇڭا ئۇلارغا نىسبەتەن بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە بۇرۇلۇش ھېچقانچە ئېغىر ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ بۇيرۇق كەلگەن چاغدا ئۇلار بىر مەسجىددە نامازدا رۇكۇ قىلىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. ئۇلار دەرھال رۇكۇدا تۇرۇپلا يۈزلىرىنى خانە كەئبە تەرەپكە بۇرىدى. بۇ مەسجىد «مەسجىدى قىبلەتەيىن» (يەنى بىر ناماز ئىككى قىبلىگە قاراپ ئوقۇلغان مەسجىد) دەپ ئاتالدى. ئوخشاش ۋەقە قۇبا مەسجىدىدىمۇ يۈز بەردى. ﴿لِنَعۡلَمَ﴾ ئەسلىدە «بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن» بولۇپ، بۇ يەردە «ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن» دەپ ئېلىندى. چۈنكى ئاللاھ بۇلارنىڭ قانداقلىقىنى ئەزەلدىنلا بىلىدۇ. ئەسلىي مەقسەت شەكسىز ئىشىنىدىغان كىشىلەرنى دىللىرىدا شەك بار كىشىلەردىن ئايرىۋېلىش ۋە ئىنسانلارغىمۇ ھەر ئىككى تۈردىكىلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئاشكارا قىلىشتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

② بەزى ساھابىلەرنىڭ كاللىسىدا كەئبىگە يۈزلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ بىزنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىمىز بىكار بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ نامازلارنىڭ ساۋابى بېرىلمەي قالارمۇ؟ دېگەن ئەندىشە پەيدا بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ، ئۇ نامازلار بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ساۋابى سىلەرگە تولۇق بېرىلىدۇ، دېگەننى بىلدۈردى. «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېگەن ئىبارىدە ئاللاھ تائالا نامازنى ئىمان دەپ ئاتاپ، ناماز بولمىسا ئىماننىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بايان قىلدى. دېمەك ناماز ۋە باشقا ئىلاھىي ئەھكاملارغا تولۇق رىئايە قىلغاندىلا ئاندىن ئىماننىڭ ئېتىبارى بولىدۇ.

③ يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ھەر قايسى كىتاب ۋە سەھىپىلىرىدە كەئبىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ قىبلىسى بولىدىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ شۇ بويىچە ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى، لېكىن ئۇلاردىكى ئىرقچىلىق ۋە ھەسەتخورلۇق بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا توسالغۇ بولۇپ قالدى.

وَلَئِنۡ أَتَيۡتَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ بِكُلِّ ءَايَةٖ مَّا تَبِعُواْ قِبۡلَتَكَۚ

وَمَآ أَنتَ بِتَابِعٖ قِبۡلَتَهُمۡۚ وَمَا بَعۡضُهُم بِتَابِعٖ قِبۡلَةَ بَعۡضٖۚ وَلَئِنِ
ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم مِّنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ إِنَّكَ إِذٗا لَّمِنَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ١٤٥ ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَعۡرِفُونَهُۥ كَمَا يَعۡرِفُونَ
أَبۡنَآءَهُمۡۖ وَإِنَّ فَرِيقٗا مِّنۡهُمۡ لَيَكۡتُمُونَ ٱلۡحَقَّ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ١٤٦ ٱلۡحَقُّ
مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُمۡتَرِينَ ١٤٧ وَلِكُلّٖ وِجۡهَةٌ هُوَ
مُوَلِّيهَاۖ فَٱسۡتَبِقُواْ ٱلۡخَيۡرَٰتِۚ أَيۡنَ مَا تَكُونُواْ يَأۡتِ بِكُمُ ٱللَّهُ
جَمِيعًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٤٨

***(ئى پەيغەمبەر!) كىتاب بېرىلگەنلەرگە بارچە دەلىللىنى كەلتۈرسەڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ قىبلەڭگە ئەگەشمەيدۇ① ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيسەن② ؛ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ھەم ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيدۇ③ . ساڭا ئىلىم (يەنى ۋەھيي) كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا ئۇلارنىڭ خاھىشىغا بويسۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم ئۆزىڭگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن④ [145]. بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ⑤ [146]. بۇ ھەقىقەت رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەندۇر. سەن ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن⑥ [147]. ھەربىر ئۈممەتنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بار⑦. شۇڭا سىلەر ياخشى ئىشلارنى بەس ـ بەستە قىلىڭلار، قەيەردە بولۇڭلار، (ئاخىر) ئاللاھ ھەممىڭلارنى (ھېساب مەيدانىغا) يىغىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [148].***

① چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ مۇخالىپەتچىلىك قىلىشى ھەسەتخورلۇق ۋە تەرسالىقتىن بولغاچقا، ئۇلارغا دەلىل ـ پاكىتلار ھېچ تەسىر قىلمايدۇ. تەسىرلەنمەك ئۈچۈن دىل ساپ بولۇش كېرەك ـ دە.

② چۈنكى سەن ۋەھيىگە ئاساسەن ئىش قىلىسەن، ساڭا ئاللاھ

تەرەپتىن بۇيرۇق كەلمىگۈچە، ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيسەن.

③ يەھۇدىيلارنىڭ قىبلىسى بەيتۇلمۇقەددەستىكى قورام تاشتۇر. ئەمما خرىستىئانلارنىڭ قىبلىسى بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ شەرق تەرىپىدۇر. ئەھلى كىتابتىن بولغان بۇ ئىككى پىرقە بىر قىبلىگە يۈزلىنىشتە بىردەك بولماي تۇرۇپ، نېمىشقا مۇسۇلمانلاردىن ئۆزلىرىنىڭ قىبلىسىگە يۈزلىنىشنى كۈتىدۇ؟!

④ بۇ ئىلگىرى بىر قېتىم بايان قىلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت ئۈممەتكە قۇرئان-ھەدىسنى بىلىپ تۇرۇپ، بىدئەتچىلەرگە ئەگىشىشنىڭ زۇلۇم ۋە گۇمراھلىق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇشتۇر.

⑤ بۇ يەردە ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر پىرقىنىڭ ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر پىرقە يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا ئوخشاش سالىھ كىشىلەر پىرقىسى قەلبى پاك، ساپ ۋە سەمىمىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مۇشەررەپ بولدى.

⑥ پەيغەمبەرگە ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن ھەر قانداق بۇيرۇق ھەقتۇر. ئۇنىڭدا ھېچ شەك-شۈبھە يوقتۇر.

⑦ يەنى ھەربىر دىن ئەھلىنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان قىبلىسى بار، ئۇلار شۇ قىبلىسىگە يۈزلىنىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئۆزىگە خاس تۇتقان يولى ۋە شەرىئىتى بار. قۇرئان كەرىمنىڭ يەنە بىر ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئەلۋەتتە سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى)﴾. (سۈرە مائىدە 48-ئايەت) يەنى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنى ئوچۇق بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بۇ ئىككىسىدىن خالىغان بىرىنى تاللاش ئەركىنلىكى بەردى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل يول ۋە دەستۇرلارنى تۈزدى. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ھەممە ئىنسانلارنى بىر يولدا (يەنى ھىدايەت يولىدا) ماڭدۇرالايتتى. ئەمما بۇ ئىش ئۇلارنىڭ تاللاش ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشاتتى.

تاللاش ھوقۇقى بېرىشتىكى مەقسەت ئۇلارنى سىناشتۇر. شۇڭا «(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەر ياخشى ئىشلارنى بەس-بەستە قىلىڭلار» يەنى ياخشىلىقتا بەسلىشىڭلار! ياخشىلىق يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار! بۇ ئىلاھىي ۋەھيي تەقەززا قىلغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم كۆرسەتكەن يولدۇر، بۇنىڭدىن باشقا دىندىكىلەر مەھرۇمدۇر.

وَمِنۡ حَيۡثُ خَرَجۡتَ فَوَلِّ وَجۡهَكَ شَطۡرَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۖ وَإِنَّهُۥ
لَلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿١٤٩﴾ وَمِنۡ حَيۡثُ
خَرَجۡتَ فَوَلِّ وَجۡهَكَ شَطۡرَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۚ وَحَيۡثُ مَا كُنتُمۡ
فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ شَطۡرَهُۥ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيۡكُمۡ حُجَّةٌ إِلَّا
ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡ فَلَا تَخۡشَوۡهُمۡ وَٱخۡشَوۡنِي وَلِأُتِمَّ نِعۡمَتِي
عَلَيۡكُمۡ وَلَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ﴿١٥٠﴾

***قەيەردىن يولغا چىقساڭ، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم (كەئبە) تەرەپكە قىلغىن. بۇ راستتىنلا رەببىڭدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرسىز ئەمەستۇر [149]. (ئى پەيغەمبەر!) قەيەردىن يولغا چىقساڭ، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن①. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئىنسانلارغا سىلەرگە قارشى دەلىل - ئىسپات بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن②، سىلەرمۇ قەيەردە بولۇڭلار، (نامىزىڭلاردا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى) دەلىل قىلىۋالىدۇ③، سىلەر ئۇلاردىن قورقماڭلار، (مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇش بىلەن) مەندىن قورقۇڭلار④. (مېنىڭ قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇغانلىقىم) سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشىم ئۈچۈن ۋە يەنە سىلەرنىڭ توغرا يول تېپىشىڭلار ئۈچۈندۇر [150].***

① قىبلىگە يۈزلىنىش ھەققىدىكى بۇيرۇقنىڭ ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشى

ئۇنى تەكىتلەش ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ياكى بىر ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، ئورنىغا يەنە بىر ھۆكۈمنى بېكىتىشتىكى تۈنجى بۇيرۇق بولغانلىقتىن، تەكرار بايان قىلىش ئارقىلىق دىللارغا مەھكەم ئورنىتىش ئۈچۈن ۋە ياكى ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەبلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى: بىرىنچى سەۋەب، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاھىشى ۋە ئارزۇسى ئىدى. ئىككىنچى سەۋەب، ھەربىر قەۋم ۋە ھەربىر دەۋەت ساھىبى ئۈچۈن بىر مۇستەقىل مەركەزنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. ئۈچىنچى سەۋەب، قارشىلاشقۇچىلارنىڭ ئېتىرازلىرىنى بىتچىت قىلىش ئىدى، شۇڭا بۇ بۇيرۇق تەكرارلاندى. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى ئەھلى كىتابنىڭ «بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا ئۇلارنىڭ قىبلىسى كەئبە دېيىلگەن ئىدى، بۇلار بولسا بەيتۇلمۇقەددەسكە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ» دەپ سىلەرگە قارشى دەلىل قىلالماسلىقى ئۈچۈن، سىلەرمۇ نامازدا كەئبىگە يۈزلىنىڭلار.

③ بۇ ئايەتتىكى «زۇلۇم قىلغۇچىلار» دېگەندىن تەرسالار (يەنى ئەھلى كىتابلاردىن بولغان تەرسالار) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ قىبلىسى كەئبە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، تەرسالىق قىلىپ، بۇ پەيغەمبەر بەيتۇلمۇقەددەسنى تاشلاپ، كەئبىگە يۈزلىنىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا مايىل بولۇپ كەتتى، دېگەن كىشىلەردۇر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە «زۇلۇم قىلغۇچىلار» دېگەندىن مەككە مۇشرىكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ يەنى ئۇ زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن قورقماڭلار، مۇشرىكلارنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماڭلار. ئۇلار: مۇھەممەد بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈزلەندى، ئەمدى پات يېقىندا بىزنىڭ دىنىمىزنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ، دېگەن ئىدى. «مەندىن قورقۇڭلار»، مەن بۇيرۇغان ئىشنى قورقماستىن قىلىۋېرىڭلار. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە قىبلىنى ئۆزگەرتىشتىكى سەۋەبنى «سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشىم ئۈچۈن ۋە يەنە سىلەرنىڭ توغرا يول تېپىشىڭلار ئۈچۈندۇر» دەپ ئىپادىلىدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانىغا ئەمەل قىلىش كىشىنى نېمەتكە ۋە ئىززەت-ئىكرامغا سازاۋەر قىلىدۇ. توغرا يول تېپىشمۇ شۇنداق كىشىگە نېسىپ بولىدۇ.

كَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِيكُمۡ رَسُولٗا مِّنكُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِنَا
وَيُزَكِّيكُمۡ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمۡ
تَكُونُواْ تَعۡلَمُونَ ﴿١٥١﴾ فَٱذۡكُرُونِيٓ أَذۡكُرۡكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِي وَلَا
تَكۡفُرُونِ ﴿١٥٢﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ إِنَّ
ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٥٣﴾

***شۇنىڭدەك (يەنى كەئبىنى قىبلە قىلىپ، نېمەتلىرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگەندەك)① ئاراڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھتىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگىنىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق [151]. مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، تۇزكورلۇق قىلماڭلار② [152]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بارچە كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلىش ۋە ناماز مۇكەممەل ئادا قىلىش بىلەن (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر③ [153].***

① ﴿ كَمَآ ﴾ (شۇنىڭدەك) دېگەن سۆز ئىلگىرىكى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنى بۇ نېمەتلەرنى سىلەرگە مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگەن ۋە سىلەرنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغاندەك، سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرنى جاھىلىيەتنىڭ ئىللەت ۋە خۇراپاتلىرىدىن پاكلايدىغان، قۇرئاننى، ھېكمەتنى ۋە سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى تەلىم بېرىدىغان بىر رەسۇلنى ئەۋەتتۇق.

② شۇڭا سىلەر ئۇ نېمەتلەر ئۈچۈن ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، مېنى ياد ئېتىڭلار، تۇزكورلۇقتىن ساقلىنىڭلار.

«ياد ئېتىش، زىكىر قىلىش»نىڭ مەنىسى، ھەر ۋاقىت ئاللاھنى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن تەسبىھ ئېيتىش، «لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ»نى كۆپ ئوقۇش، تەكبىر

ئېيتىش) دېمەكتۇر. «شۈكۈر قىلىش»نىڭ مەنىسى، ئاللاھ ئاتا قىلغان كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ئىشلىتىش دېمەكتۇر. ئاللاھ بەرگەن كۈچ-قۇۋۋەتنى گۇناھقا ئىشلىتىش تۇزكورلۇق (كۇفرانى نېمەت) قىلغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغانلارغا تېخىمۇ كۆپ نېمەت بېرىلىدىغانلىقىنى، تۇزكورلۇق قىلغانلارغا قاتتىق ئازاب بېرىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلار: ‹ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىمەن، ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ› دەپ جاكارلىغان ئىدى﴾. (سۈرە ئىبراھىم 7-ئايەت)

③ ئىنسان ئىككى ھالەتتە بولىدۇ، يەنى راھەت-پاراغەتتە ياكى جاپا-مۇشەققەتتە بولىدۇ. بۇ ئايەتتە راھەت-پاراغەتتە بولغاندا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش، جاپا-مۇشەققەتكە يولۇققاندا سەۋر قىلىپ، ئاللاھتىن ياردەم تىلەش تەكتلەندى. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «مۇئمىننىڭ ئىشى ئەجەبلىنەرلىكتۇر، ھەقىقەتەن مۇئمىننىڭ بارلىق ئىشلىرى ياخشىلىقتۇر، بۇنداق ياخشىلىق پەقەت مۇئمىن ئۈچۈنلا بولىدۇ، مۇئمىن بولمىغان كىشىلەرگە ئۇنداق بولمايدۇ، ئەگەر مۇئمىنگە خۇشاللىق يەتسە، شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا زەرەر يەتسە، سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2999-ھەدىس)

سەۋر ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ھارام ئىش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئېتىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ئۇلاردىن ئالىدىغان لەززەتنى قۇربان قىلىش ۋە ۋاقىتلىق مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالغانلىققا سەۋر قىلىشتۇر. ئىككىنچىسى، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشتە يولۇققان جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە سەۋر قىلىشتۇر. بەزى ئۆلىمالار سەۋرنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: نەپسىگە ۋە جىسمىغا ئېغىر كەلسىمۇ، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش؛ نەپسى-خاھىش ئىنساننى ھۇزۇر-ھالاۋەت تەرەپكە ھەرقانچە تارتسىمۇ، ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان ئەمەللەردىن ساقلىنىش. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَلَا تَقُولُواْ لِمَن يُقۡتَلُ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتُۢۚ بَلۡ أَحۡيَآءٞ وَلَٰكِن لَّا

تَشْعُرُونَ ﴿١٥٤﴾ وَلَنَبْلُوَنَّكُم بِشَيْءٍ مِّنَ ٱلْخَوْفِ وَٱلْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ
ٱلْأَمْوَٰلِ وَٱلْأَنفُسِ وَٱلثَّمَرَٰتِ ۗ وَبَشِّرِ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٥٥﴾ ٱلَّذِينَ إِذَآ
أَصَٰبَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُوٓا۟ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيْهِ رَٰجِعُونَ ﴿١٥٦﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ
عَلَيْهِمْ صَلَوَٰتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُهْتَدُونَ ﴿١٥٧﴾ ۞
إِنَّ ٱلصَّفَا وَٱلْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ ٱللَّهِ ۖ فَمَنْ حَجَّ ٱلْبَيْتَ أَوِ ٱعْتَمَرَ
فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَن يَطَّوَّفَ بِهِمَا ۚ وَمَن تَطَوَّعَ خَيْرًا فَإِنَّ ٱللَّهَ
شَاكِرٌ عَلِيمٌ ﴿١٥٨﴾

***ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىتلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار①، ئەكسىچە ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر (بۇنى) سەزمەيسىلەر [154]. شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، ئاچارچىلىق بىلەن ۋە پۇل ـ ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان بىرئاز زىيان ـ زەخمەت بىلەن ئەلۋەتتە سىنايمىز. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن [155 ـ 156]. ئەنە شۇلار رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر② [157]. شەكسىزكى، سەفا بىلەن مەرۋە (ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش) ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر③. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ④. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئاللاھ ئەلۋەتتە (ئۇنىڭ) مۇكاپاتىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [158].***

① «شېھىتلەرنى ئۆلۈك دېمەڭلار» دېگەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان سۆزدۇر. بۇ يەردىكى تىرىكلىك بەرزەخ ھاياتىنى كۆرسىتىدۇ، بىز ئۇنى چۈشىنىپ بولالمايۋاتىمىز. پەيغەمبەرلەر ۋە مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ

مەرتىۋىسى بويىچە بەرزەخ ھاياتىدا ياشايدۇ، ھەتتا كاپىرلارمۇ بەرزەخ ھاياتىدا ياشايدۇ. شېھىتنىڭ روھى (بەزى رىۋايەتلەردە مۆئمىننىڭ روھىمۇ) جەننەتنىڭ ئىچىدە خالىغان يەرگە ئۇچۇپ يۈرىدىغان بىر يېشىل قۇشنىڭ پوكىنىدا (ئىچىدە) بولىدۇ. (ئىبنى كەسىر، ئال ئىمران 169-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

② بۇ ئايەتلەردە سەۋر قىلغۇچىلارغا كۆپ بېشارەت بار. مۇسىبەت يەتكەندە ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾ دېگەن دۇئا بىلەن «ئى ئاللاھ، ماڭا يەتكەن مۇسىبەتتە ماڭا سەۋر ئاتا قىلغىن، ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەرگىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ھەدىسلەردە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. (سەھىھ مۇسلىم 918-ھەدىسكە قارالسۇن)

③ ﴿ شَعَآئِرِ﴾ دېگەن «شعيرة »نىڭ كۆپلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى بەلگە، ئالامەت دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ھەج ئەمەللىرى ئىچىدىكى بەلگىلىك ئەمەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (مەسىلەن: ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئەمەللەردىن ئەرەپاتتا تۇرۇش، سەئيى قىلىش، شەيتانغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىقلار).

④ سەفا ۋە مەرۋىنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىش (يەنى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا يەتتە قېتىم مېڭىش) ھەجنىڭ بىر رۇكنىدۇر. لېكىن قۇرئاننىڭ ئايىتىدىكى «ھېچ گۇناھ يوق» دېگەن ئىباردىن ساھابە كىراملاردىن ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەئيى قىلىش زۆرۈر بولمىسا كېرەك، دەپ چۈشەنگەن ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا: «ئى سىڭلىمنىڭ ئوغلى! سەن، ئۇ ئىككى تاغنىڭ (يەنى سەفا ۋە مەرۋىنىڭ) ئارىسىدا سەئيى قىلمىغان كىشىگە ھېچ گۇناھ يوق، دېدىڭمۇ؟ سەن بۇ سۆزنى بەك يامان دەپسەن. ئەگەر مەنە ئاشۇنداق بولىدىغان بولسا ‹ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلمىسىمۇ ھېچ گۇناھ يوق› دەپ كېلەتتى» دېدى ۋە بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى بايان قىلدى:

ئەنسارلار مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن مۇشەللەل دېگەن يەردە «مۇنات تاغىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بۇتقا تەلبىيە ئېيتاتتى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇناتتى. ئۇ بۇتقا تەلبىيە ئېيتىپ مەككىگە كەلگەنلەر سەفا ۋە مەرۋىنىڭ ئارىسىدا

سەئيى قىلىشنى گۇناھ ھېسابلايتتى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن سەفا ۋە مەرۋىنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىشنى گۇناھ ھېسابلايتتۇق» دېگەندە ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ گۇناھ يوق﴾. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلماسلىقى دۇرۇس ئەمەس. (سەھىھۇل بۇخارى 1643-ھەدىس) مۇپەسسىرلەردىن شەئبى مۇنداق دەيدۇ: «ئىساف» دېگەن بۇت سەفا تېغىدا ۋە «نائىلە» دېگەن بۇت مەرۋە تېغىدا ئىدى. (ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن) ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن كىشىلەر ئۇ ئىككى بۇتنى سۆيەتتى ياكى سىلايتتى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش گۇناھ بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى، چۈنكى ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ يەردە ئىككى بۇت بولغانلىقتىن سەئيى قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. دېمەك سەئيى قىلىش زۆرۈر بولۇپ، سافادىن باشلىنىدۇ، مەرۋىدە ئاياغلىشىدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر)

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلۡنَا مِنَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلۡهُدَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا بَيَّنَّٰهُ لِلنَّاسِ فِي ٱلۡكِتَٰبِ أُوْلَٰٓئِكَ يَلۡعَنُهُمُ ٱللَّهُ وَيَلۡعَنُهُمُ ٱللَّٰعِنُونَ ١٥٩ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصۡلَحُواْ وَبَيَّنُواْ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَتُوبُ عَلَيۡهِمۡ وَأَنَا ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ١٦٠ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٌ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ لَعۡنَةُ ٱللَّهِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ١٦١

***بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان)***

*روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا بارچە مەۋجۇدات لەنەت ئوقۇيدۇ① [159]. پەقەت تەۋبە قىلغان، (بۇزغانلىرىنى) تۈزەتكەن، (يوشۇرغانلىرىنى) ئاشكارا بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مەن ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، چۈنكى مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىمەن. ناھايىتى مېھرىبانمەن [160]. شەكسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرغان ۋە كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر ـــ ئەنە شۇلار چوقۇم ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ② [161].*

① ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا بايان قىلغان ئايەتلەرنى يوشۇرغان كىشىنىڭ گۇناھى شۇ قەدەر ئېغىر بولىدۇكى، ھەتتا ئاللاھتىن باشقا لەنەت قىلغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا لەنەت قىلىدۇ. ھەدىستە «بىر كىشىدىن ئۇ بىلىدىغان بىرەر نەرسە سورالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرغان بولسا، قىيامەت كۈنى (ئۇنىڭ ئېغىزىغا) ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ» دېيىلگەن. (سۇنەنى ئىبنى ماجە 264ـ ھەدىس ۋە سۇنەنى تىرمىزى 2649ـ ھەدىس، دەرىجىسى ھەسەن)

② بۇنىڭدىن ئاقىۋىتى كۇفرى بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى ئېنىق بولغان ئادەمگە لەنەت ئوقۇسا جايىز بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئېغىر گۇناھ قىلغان مۇسۇلمانغا لەنەت ئوقۇش جايىز بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى سەممىي تەۋبە قىلغان بولۇشى ياكى ئۇنىڭ باشقا ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك خاتالىقلىرى ئەپۇ قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ تەرىپىنى بىز بىلەلمەيمىز. ئەمما بەزى گۇناھلارغا قارىتا ئايەت ـ ھەدىستە لەنەت سۆزى ئىشلىتىلگەن. ئۇ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارنى، ئۇلار لەنەتكە لايىق ئىشنى قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلمىسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەلئۇن بولۇپ قالىدۇ، رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ١٦٢
وَإِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلرَّحۡمَٰنُ ٱلرَّحِيمُ ١٦٣ إِنَّ فِي

خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ وَٱلۡفُلۡكِ ٱلَّتِي
تَجۡرِي فِي ٱلۡبَحۡرِ بِمَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن
مَّآءٖ فَأَحۡيَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٖ
وَتَصۡرِيفِ ٱلرِّيَٰحِ وَٱلسَّحَابِ ٱلۡمُسَخَّرِ بَيۡنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ لَأٓيَٰتٖ
لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿١٦٤﴾

***ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. [162] سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يېگانە ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر①. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [163]. شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ قاقاس زېمىننى جانلاندۇرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋانلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا②، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر [164].***

① بۇ ئايەتتىمۇ مەككە مۇشرىكلىرى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىنىدى، بۇ دەۋەت ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار: ﴿ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلىماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش﴾ دېگەن ئىدى. (سۈرە ساد 5ـئايەت) شۇڭا كېيىنكى ئايەتتە تەۋھىدكە ئالاقىدار دەلىل-پاكىتلار بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

② بۇ ئايەت كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشتىكى نىزام ۋە تەدبىرلەرگە ئالاقىدار يەتتە مۇھىم نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن مۇكەممەل ۋە ئۇنىۋېرسال بىر ئايەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئايەتتىن باشقا ئايەتلەردە كائىنات نىزاملىرىنىڭ ھەممىسى بىر جايدا تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. مەسىلەن:

1. ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى.

2. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن كېلىپ تۇرۇشى، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ يورۇق بولۇشى، ئارام ئېلىش ئۈچۈن كېچىنىڭ قاراڭغۇ بولۇشى، كېچىنىڭ ئۇزۇن بولۇپ، كۈندۈزنىڭ قىسقا بولۇشى، بەزىدە كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن، كېچىنىڭ قىسقا بولۇشى.

3. كېمە ۋە پاراخوتلارنىڭ دېڭىز-ئوكيانلاردا يۈرۈشى. بۇلار ئارقىلىق كىشىلەر تىجارەت ئۈچۈن سەپەر قىلىدۇ ۋە نەچچە مىڭ توننىلىق مال-مۈلۈك، يېمەك-ئىچمەكلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكىلىدۇ.

4. زېمىننىڭ كۆكلەپ، مېۋە-زىرائەتلەرنى چىقىرىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يامغۇر.

5. ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ يارىتىلىشى. ئۇلار يۈك توشۇش، يەر ھەيدەش، مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ھەتتا جەڭ مەيدانلىرىدىمۇ ئىشقا يارايدۇ. يەنە ئىنسانلارنىڭ زور مىقداردىكى ئوزۇقلۇق ئېھتىياجى ئۇلار بىلەن قامدىلىدۇ.

6. ھەر خىل شامالالار، سوغۇق شامال، ئىسسىق شامال، شاۋقۇنلۇق ۋە شاۋقۇنسىز شامال، شەرق، غەرب، شىمال ۋە جەنۇب يۆنىلىشلىرىدىكى شامالالار ئىنسانلارنىڭ ھاياتتىكى مۇھىم ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

7. بۇلۇتلار ئارقىلىق ئاللاھ خالىغان جايلارغا يامغۇر ياغدۇرىدۇ. بۇ ئالامەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىك-بارلىقىغا دالالەت قىلمامدۇ؟ ئەلۋەتتە دالالەت قىلىدۇ. بۇلارنى يارىتىش ۋە باشقۇرۇشتا ئۇنىڭ شېرىكى بارمۇ؟ يوق، قەتئىي شېرىكى يوق. ئىش شۇنداق تۇرسا، ئۇنى قويۇپ باشقا مەبۇدلارغا يېلىنىش ۋە ئۇلارنى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى دەپ قاراش قانداقمۇ ئاقىللىق بولسۇن؟!

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَندَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ ٱللَّهِ ۖ
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَشَدُّ حُبًّا لِّلَّهِ ۗ وَلَوْ يَرَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ إِذْ يَرَوْنَ

ٱلۡعَذَابَ أَنَّ ٱلۡقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا وَأَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعَذَابِ ﴿١٦٥﴾ إِذۡ تَبَرَّأَ
ٱلَّذِينَ ٱتُّبِعُواْ مِنَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُواْ وَرَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَ وَتَقَطَّعَتۡ بِهِمُ
ٱلۡأَسۡبَابُ ﴿١٦٦﴾

***بەزى ئىنسانلار ئاللاھتىن باشقىلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىپ، شېرىك قىلىۋالغان مەبۇدلىرىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ)① . ھالبۇكى، ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ. زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا (بىلگەنگە ئوخشاش) پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى (بۇ دۇنيادا) بىلسە ئىدى (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بولاتتى)② [165]. ئاشۇ ۋاقىتتا (دوزاخنىڭ يولىغا باشلىغان) باشلامچىلار ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن يىراقلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلىدۇ [166].***

① شۇنداق كىشىلەر باركى، مەزكۇر كەسكىن دەلىللەر ۋە روشەن ئىسپاتلار تۇرسىمۇ ئاللاھنى قويۇپ، باشقىلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى خۇددى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ. بۇ خىلدىكى شېرىكنىڭ شەكىللىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى دەۋردىمۇ مەۋجۇت. ھەتتا ئۆزلىرىنى توغرا مۇسۇلمان دەيدىغانلار ئىچىدىمۇ يامرىغان بىر كېسەللىكتۇر. ئۇلار ئاللاھتىن باشقا پىر-ئىشان ۋە دەرۋىشلەرنى ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدىغان باشپاناھ ۋە ئىلتىجاگاھ قىلىۋالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئاللاھتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەن. ئەگەر ئۇلار تەۋھىدكە دەۋەت قىلىنسا، مەككە مۇشرىكلىرىگە ئوخشاش دىللىرى سىقىلىپ، بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالىنى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق سۈرەتلەپ بېرىدۇ: ﴿يالغۇز ئاللاھ تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ﴾. (سۈرە زۇمەر 45-ئايەت)

② مۇئمىنلەر مۇشرىكلارنىڭ ئەكسىچە ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما مۇشرىكلار دېڭىز دولقۇنلىرىدا ۋە باشقا قىيىن ئەھۋاللاردا قالغاندا ئۆزلىرىنىڭ مەبۇدلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاللاھ تائالاغىلا ئىلتىجا قىلىدۇ. ﴿ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، دىنىنى ئاللاھقا خاس قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ﴾. (سۈرە ئەنكەبۇت 65 ـ ئايەت)، ﴿(دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ﴾. (سۈرە لوقمان 32 ـ ئايەت)، ﴿ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر (ھالاكەت) قورشاۋىدا قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، (چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) «ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتقۇزساڭ، بىز چوقۇم (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولاتتۇق» دەپ چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ﴾. (سۈرە يۇنۇس 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، مۇشرىكلار ئېغىر مۇسىبەتكە دۇچ كەلگەندە مەدەت تىلەپ ئاللاھقىلا يالۋۇرىدۇ.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُواْ لَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَتَبَرَّأَ مِنْهُمْ كَمَا تَبَرَّءُواْ مِنَّاۗ كَذَٰلِكَ يُرِيهِمُ ٱللَّهُ أَعْمَٰلَهُمْ حَسَرَٰتٍ عَلَيْهِمْۖ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنَ ٱلنَّارِ ﴿١٦٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِى ٱلْأَرْضِ حَلَٰلًا طَيِّبًا وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿١٦٨﴾ إِنَّمَا يَأْمُرُكُم بِٱلسُّوٓءِ وَٱلْفَحْشَآءِ وَأَن تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿١٦٩﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ بَلْ نَتَّبِعُ مَآ أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآۗ أَوَلَوْ كَانَ ءَابَآؤُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَهْتَدُونَ ﴿١٧٠﴾

*ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە دۇنياغا قايتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇلار بىزنى تاشلاپ كەتكەندەك، بىزمۇ ئۇلارنى تاشلاپ كېتەتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنىڭ ھەسرەت ـ نادامەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ① [167]. ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال، پاكىز*

*نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار②، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر [168]. شەيتان سىلەرنى پەقەت يامانلىققا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ (يەنى ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دېيىشكە ۋە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دېيىشكە بۇيرۇيدۇ) [169]. ھەرقاچان ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ نازىل قىلغانلىرىغا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان نەرسىگە ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، (يەنە شۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟)③ [170].*

① ئەگەشكۈچى مۇشرىكلار ئاخىرەتتە پىرلىرى ۋە يولباشچىلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ۋە ئىختىيارسىزلىقىنى بىلىپ، قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، لېكىن ئۇ يەردە پۇشايماننىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. پەقەت دۇنيادا قىلىنغان تەۋبىنىڭ پايدىسى بولىدۇ.

② يەنى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلماڭلار. مەسىلەن: مۇشرىكلار بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ قويغان ماللارنى باشقىلارغا ھارام قىلىۋالاتتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۇرە ئەنئامدا كېلىدۇ. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «مەن بەندىلىرىمنى توغرا دىندا ياراتتىم، شەيتانلار ئۇلارنى دىنىدىن ئازدۇردى ۋە مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىپ بەردى». (سەھىھ مۇسلىم، 2865 - ھەدىس)

③ بۇ خۇددى بوگۈنكى بىدئەتچىلەرگە بۇ بىدئەتلەرنىڭ دىندا ھېچقانداق ئاساسى يوق، دېيىلسە، ئۇلار: بۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەت، دېگىنىگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭمۇ دىنىنى توغرا چۈشەنمەي، ھىدايەتتىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟!

وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ كَمَثَلِ ٱلَّذِى يَنْعِقُ بِمَا لَا يَسْمَعُ إِلَّا دُعَآءً
وَنِدَآءً صُمٌّۢ بُكْمٌ عُمْىٌ فَهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ﴿١٧١﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ

كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِلَّهِ إِن كُنتُمۡ إِيَّاهُ
تَعۡبُدُونَ ﴿١٧٢﴾ إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحۡمَ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ
أُهِلَّ بِهِۦ لِغَيۡرِ ٱللَّهِۖ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ غَيۡرَ بَاغٖ وَلَا عَادٖ فَلَآ إِثۡمَ عَلَيۡهِۚ
إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٧٣﴾

***(ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچىغا قۇلاق سالمىغان) كاپىرلارنىڭ مىسالى پادىچىنىڭ چاقىرىقىدىن پەقەت ئاۋۇشىنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان (ئەمما چۈشەنمەيدىغان) چاھارپايلارغا ئوخشايدۇ. (چۈنكى ئۇ كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر. شۇڭا ئۇلار (ۋەز - نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ① [171]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى - ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار② [172]. ئاللاھ سىلەرگە پەقەت ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، توڭگۇز گۆشىنى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى③، كىمكى (بۇ نەرسىلەردىن) ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا) يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [173].***

① ئۆز ئەقلىنى ئىشلەتمەي ئاتا-بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگەشىدىغان كاپىرلارنىڭ مىسالى پادىچىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ۋە تاۋۇشىنى ئاڭلاشتىن باشقا ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر. ئۇ ھايۋانلار ئۆزلىرىنى نېمە ئۈچۈن چاقىرىۋاتقانلىقىنى، نېمە دەپ تووۋلاۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئاتا-بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگەشىدىغانلارمۇ گاستۇر، شۇڭا ئۇلار ھەقنى ئاڭلىمايدۇ. گاچىدۇر، شۇڭا ھەق سۆز ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقمايدۇ. كوردۇر، شۇڭا ھەقنى كۆرۈشتىن ئاجىزدۇر. ئۇلار ئەقىلسىز بولۇپ، ھەقىقىي دەۋەت، تەۋھىد ۋە سۈننەتنى چۈشىنىپ، تېگىگە يېتەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى ﴿دُعَآءً﴾ دىگەندىن يېقىندىكىنى

چاقىرغان ئاۋاز. ﴿نِدَآءً﴾ دېگەندىن يىراقتىكىنى توۋلىغان ئاۋاز كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن بارلىق پاك نەرسىلەردىن يېيىشكە بۇيرۇلغان ۋە ئۇ نېمەتلەر ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش تەكىتلەنگەن. بۇنىڭدىن بىر قانچە مەسىلە ئايان بولىدى: بىرىنچى، ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەر پاكتۇر؛ ھارام قىلغان نەرسىلەر ھەرقانچە يېقىشلىق بولسىمۇ، ناپاكتۇر (تويۇقسىز گۆشى ياۋرۇپالىقلارغا يېقىشلىق بولغاندەك). ئىككىنچى، بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتالغان ھايۋان ۋە باشقا نەرسىلەرنى مۇشرىكلار ئۆزلىرىچە باشقىلارغا ھارام قىلىۋالاتتى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى خاتادۇر (تەپسىلاتى سۈرە ئەنئامدا بايان قىلىندۇ). شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ دېگىنى بىلەن ھالال نەرسە ھارام بولۇپ قالمايدۇ. سىلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇ نەرسىلەرنى ھارام دېمەڭلار! (ھارام دېگەن پەقەت كېيىنكى ئايەتتە بايان قىلىنغان نەرسىلەردۇر). ئۈچىنچى، ئەگەر سىلەر بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغۇچى بولساڭلار، ئۇنىڭغا شۈكۈر ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار.

③ بۇ ئايەتتە تۆت ھارام نەرسە تىلغا ئېلىندى. لېكىن ئۇلار چەكلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ﴿إِنَّمَا﴾ «پەقەت» دېگەن كەلىمە بىلەن بىللە بايان قىلىنغان بولغاچقا، ئاڭلىغۇچىنىڭ كاللىسىدا ھارام نەرسىلەر پەقەت تۆت قىسىم ئىكەن دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ھارام نەرسىلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا بىر قانچە نۇقتىدىن قاراش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ چەكلىنىشتىن ئىبارەت خاس بىر ئۇسلۇبتا كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىش كېرەك. يەنى مۇشرىكلارنىڭ مەزكۇر قىلمىشلىرىنىڭ قاتارىدا يەنە بىر خاتالىقمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ھالال ھايۋانلارنىمۇ ھارام قىلىۋالاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئىزاھات بېرىپ، ئۇ ھايۋانلار ھارام ئەمەس، ھارام دېگەن پەقەت بۇ نەرسىلەر دەپ مەزكۇر ئايەتنى ئەنە شۇنداق ئۇسلۇبتا بايان قىلدى. دېمەك بۇ يەردىكى چەكلىنىش كەلىمىسى بىر قوشۇمچىدىن ئىبارەت. دېمەك ئۇلاردىن باشقا بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىغان ھارام نەرسىلەرمۇ بار. ئىككىنچىدىن، ھەدىستە جانلىقلاردىن قايسىسىنىڭ ھالال ۋە قايسىسىنىڭ ھاراملىقىنى ئايرىش ئۈچۈن ئىككى ئۇسۇل بايان قىلىندى: بىرى، يىرتقۇچ ھايۋانلار (قوزۇق چىشى بىلەن يىرتىپ ئوۋلايدىغان ھايۋانلار). يەنە بىرى، يىرتقۇچ قۇشلار (تىرنىقى ۋە پەنجىسى بىلەن ئوۋلايدىغان

قۇشلار) ھارامدۇر. بۇلارنىمۇ مەزكۇر ئايەتنىڭ توغرا تەپسىرى سۈپىتىدە كۆرۈش لازىم. ئۇچىنچىدىن، ھەدىستە ھاراملىقى بايان قىلىنغان ھايۋانلاردىن ئىشەك ۋە ئىت قاتارلىق ھايۋانلارمۇ بار. بۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، ھەدىسمۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش دىنىنىڭ مەنبەسى ۋە دەلىل-ئىسپاتىدۇر. دىن ھەر ئىككىسىنى قوبۇل قىلىش بىلەن مۇكەممەل بولىدۇ، ھەدىسنى تاشلاپ، پەقەت قۇرئانغىلا ئىشىنىمىز دېيىش توغرا ئەمەس.

«ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان» دېگەندە بوغۇزلانماستىن تەبىئىي شەكىلدە ياكى بىرەر ھادىسە سەۋەبلىك ئۆلگەن ھەر قانداق بىر ھالال ھايۋان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (ئۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە مائىدىدە بايان قىلىنىدۇ) شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە خىلاپ ھالدا بوغۇزلانغان ھايۋان. مەسىلەن: ئېگىزدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى تاش، ياغاچ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ھازىرقى دەۋردىكى توكلۇق ئۇسكىنىلەر ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان «ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان» جۈملىسىگە كىرىدۇ. ھەدىستە ئىككى خىل ئۆلۈك ھايۋان ھالال قىلىنغان. ئۇلار بېلىق بىلەن چېكەتكە بولۇپ، بۇلار ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھارام ھايۋانلار جۈملىسىگە كىرمەيدۇ.

بۇ يەردىكى «قان» دېگەندە بوغۇزلىغاندا ئېقىپ چىققان قان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما گۆشنىڭ تەركىبىدە قالغان قان ھالالدۇر. ھەدىستە ئىككى خىل قان ھالال دەپ كۆرسىتىلگەن، ئۇلار جىگەر بىلەن تالدۇر. توڭگۇز (يەنى چوشقا) پەقەت كۇنداشلىقى يوق ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ گۆشىنى ئاللاھ ھارام قىلغان.

﴿وَمَا أُهِلَّ﴾ ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئۇنىڭ ئاۋازدا چاقىرىلغان ھەر قانداق ھايۋان ياكى نەرسە دېگەن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاللاھتىن غەيرىينىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ئەرەب مۇشرىكلىرى لات ۋە ئۇززا قاتارلىق بۇتلىرىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بوغۇزلىغان يەنە ئوتقا چوقۇنغۇچىلار ئوتنىڭ نامىنى ئېيتىپ بوغۇزلىغان ھايۋانلار ھارامدۇر.

يەنە بىر قىسىم بىلىمسىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن سالىھ كىشىلەرگە ئەقىدە قىلىپ، كۆڭۈل باغلاپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىش، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن قورقۇپ ياكى ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ، مازار ۋە خانىقالاردا بوغۇزلىغان قۇربانلىقلىرىمۇ مۇشۇ تۈرگە

كىرىدۇ. يەنە بۇنىڭغا قەبرىدىكى بۇزرۇكلارغا ئاتاپ مازارلىقتىكى ماشايىخلارغا بېرىلگەن ھايۋانلارمۇ كىرىدۇ. بۇنداق ھايۋانلار ئاللاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانسىمۇ، ئوخشاشلا ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھايۋانلار ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قەبرىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن، ئاللاھتىن باشقىسىنى ئۇلۇغلاپ ياكى ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەردىن قورقۇپ ياكى ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ، بېرىلگەن قۇربانلىق ھايۋانلاردۇر. سەۋەبتىن تاشقىرى بولغان ئىشلاردا ئاللاھنىڭ غەيرىيدىن قورقۇش ياكى ياخشىلىق ئۈمىد قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھايۋاندىن باشقا نەرسىلەر ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئاتاپ نەزىر قىلىپ بېرىلسە ياكى كىيىم-كېچەك تارقىتىپ بېرىلسىمۇ ھارام بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھتىن غەيرىيگە ئاتاپ مازارلارغا ئېلىپ بېرىپ ياكى شۇ يەرلەردىن سېتىۋېلىپ، مازارلىق ئەتراپىدىكى پېقىر-مىسكىنلەرگە ئاش، نان، تاتلىق-تۈرۈملەر، پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ ساندۇقىغا نەزىر دەپ ئاتاپ پۇل تاشلاش ياكى قەبرىدىكى كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن كۈنىنى (ياكى يىلىنى) خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىلغانلارغا يېمەك-ئىچمەك تارقىتىپ بېرىش قاتارلىقلارمۇ ھارامدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى جايىز بولمىغان ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھتىن غەيرىيگە ئاتاپ قىلىنغان نەزىرنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدۇر. نەزىر دېگەن ئاللاھ يولىدا بېرىلگەن سەدىقە بولۇپ، ناماز، روزا ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش بىر ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق ئىبادەت پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىستە: «ئاللاھنىڭ غەيرىينىڭ نامىنى ئاتاپ مال بوغۇزلىغان كىشى مەلئۇندۇر» دېيىلگەن (سەھىھۇل جامى سەغىر 2-توم، 1024-بەت) تەپسىر ئەزىزدە تەپسىر نىيشابۇرىيدىن ئېلىنغان مۇنداق بىر ھۆكۈم بار: «ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلە شۇكى، ئەگەر بىر مۇسۇلمان بىر مالنى بوغۇزلىسا، ئۇنى بوغۇزلاشتا ئاللاھنىڭ غەيرىيگە يېقىنچىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ مۇرتەد بولىدۇ، ئۇنىڭ بوغۇزلىغان مېلى مۇرتەدنىڭ بوغۇزلىغان مېلى بولىدۇ». (تەپسىر ئەزىزى 611-بەت ئەشرەفۇلھەۋاشىدىن) تەپسىلاتى ئۈچۈن سۈرە ئەنئام 145-ئايەت، سۈرە نەھل 115-ئايەتكە قارالسۇن.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَيَشۡتَرُونَ بِهِۦ

ثَمَنًا قَلِيلًا أُوْلَٰٓئِكَ مَا يَأۡكُلُونَ فِي بُطُونِهِمۡ إِلَّا ٱلنَّارَ وَلَا
يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٧٤﴾
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡعَذَابَ بِٱلۡمَغۡفِرَةِۚ فَمَآ
أَصۡبَرَهُمۡ عَلَى ٱلنَّارِ ﴿١٧٥﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ نَزَّلَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّۗ وَإِنَّ
ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِي ٱلۡكِتَٰبِ لَفِي شِقَاقِۭ بَعِيدٖ ﴿١٧٦﴾ ۞ لَّيۡسَ ٱلۡبِرَّ أَن
تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ قِبَلَ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ وَلَٰكِنَّ ٱلۡبِرَّ مَنۡ ءَامَنَ
بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلۡكِتَٰبِ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ وَءَاتَى ٱلۡمَالَ عَلَىٰ
حُبِّهِۦ ذَوِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ
وَفِي ٱلرِّقَابِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلۡمُوفُونَ بِعَهۡدِهِمۡ إِذَا
عَٰهَدُواْۖ وَٱلصَّٰبِرِينَ فِي ٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَحِينَ ٱلۡبَأۡسِۗ أُوْلَٰٓئِكَ
ٱلَّذِينَ صَدَقُواْۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُتَّقُونَ ﴿١٧٧﴾

***شەكسىزكى، ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب (تەۋرات)تىن بىر نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ، ئۇنى ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋېتىدىغانلار - ئەنە شۇلار قارنىغا پەقەت ئوتنىلا يەيدۇ (چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارام مېلى ئۇلارنى دوزاختا ئېلىپ بارىدۇ). قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازاب بار [174]. ئەنە شۇلار ھىدايەت بەدىلىگە ئازغۇنلۇقنى، مەغپىرەت بەدىلىگە ئازابنى (يەنى جەننەت بەدىلىگە دوزاخنى) سېتىۋالغانلاردۇر. ئۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدېگەن چىداملىق - ھە! [175] بۇ (قاتتىق ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ كىتاب (تەۋرات)نى ھېكمەت بىلەن نازىل قىلدى (ئۇلار تەۋراتتىكى ھەقىقەتنى يوشۇردى ۋە ئۆزگەرتىۋەتتى). بۇ كىتاب توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلغۇچىلار (ھەقىقەتتىن تولىمۇ) يىراق بىر تالاش - تارتىش ئىچىدىدۇر [176]. سىلەرنىڭ كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ①. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، (ئاللاھ نازىل قىلغان) كىتابقا،***

**پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، پۇل ـ مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، پۇلسىز قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزللۇققا، كېسەللىككە ۋە جىھادقا بەرداشلىق بېرىش (قاتارلىقلار) ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار كىشىلەردۇر [177].**

① بۇ ئايەت قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ھەققىدىكى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەينى چاغدا بىر تەرەپتىن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ قىبلىسى (بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ غەرب تەرىپى) ۋە ناسارالار ئۆزلىرىنىڭ قىبلىسى (بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ شەرق تەرىپى)نىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە قارىتا سۆز-چۆچەك تارقاتقانىدى، ئۇنىڭدىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى رەنجىدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ دېدىكى: ﴿سىلەرنىڭ كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ﴾ يەنى بۇ پەقەت كىشىلەرنى ئىجتىمائىي شەكىلدە بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ بىر ئۇسۇلىدۇر. ھەقىقەتەن ياخشى ئەمەلگە ياتىدىغان نەرسە-ئاللاھ بايان قىلغان ئەقىدىگە ئالاقىدار نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھ تەكىتلىگەن ئەمەللەرنى قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈشتۇر. ئۇنىڭ كەينىدىن مەزكۇر ئەقىدىگە ئالاقىدار نەرسىلەر ۋە تەكىتلەنگەن ئەمەللەر بايان قىلىندى: «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن ئاللاھ تائالانى ئۆزىنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىدە يەككە-يېگانە، بارلىق ئەيىب-نۇقساندىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇنىڭ قۇرئان-ھەدىستىكى بارلىق گۈزەل سۈپەتلىرىنى بۇرمىلىماستىن، ئىنكار قىلماستىن تەستىق قىلىش، ئىشىنىش، ئاخىرەت كۈنىدىكى جازا، قەبرىدىن تىرىلىپ قوپۇش، مەھشەرگاھقا جەم بولۇش، جەننەت ۋە دوزاخقا جەزمەن ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. «كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن بارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ راستلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش. مەزكۇر ئەقىدىگە ئالاقىدار نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە بۇ

ئايەتتە بايان قىلىنغان ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ﴿عَلَىٰ حُبِّهِ﴾دىكى ئالماش پۇل-مالنى كۆرسىتىدۇ. يەنى پۇل-مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ باشقىلارغا ياردەم قىلىش. ﴿الْبَأْسَاءِ﴾ قاتتىقچىلىق، نامراتلىق. ﴿الضَّرَّاءِ﴾ قىيىنچىلىق ياكى كېسەللىك. ﴿الْبَأْسِ﴾ جىھاد قىلىش ۋە ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققىتى دېگەن مەنىدە. مەزكۇر ئۈچ ھالەتتە سەۋرچان ۋە چىدامچان بولۇش يەنى ئىلاھىي ئەھكاملاردىن قىلچە بۇرۇلۇپ كەتمەي مېڭىش ناھايىتى مۇشكۇل بولغاچقا، بۇ ئەھۋاللار ئالاھىدە بايان قىلىندى.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِصَاصُ فِى ٱلْقَتْلَى ۖ ٱلْحُرُّ
بِٱلْحُرِّ وَٱلْعَبْدُ بِٱلْعَبْدِ وَٱلْأُنثَىٰ بِٱلْأُنثَىٰ ۚ فَمَنْ عُفِىَ لَهُۥ مِنْ أَخِيهِ
شَىْءٌ فَٱتِّبَاعٌۢ بِٱلْمَعْرُوفِ وَأَدَآءٌ إِلَيْهِ بِإِحْسَـٰنٍ ۗ ذَٰلِكَ تَخْفِيفٌ مِّن
رَّبِّكُمْ وَرَحْمَةٌ ۗ فَمَنِ ٱعْتَدَىٰ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٧٨﴾
وَلَكُمْ فِى ٱلْقِصَاصِ حَيَوٰةٌ يَـٰٓأُو۟لِى ٱلْأَلْبَـٰبِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٧٩﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ئازاد ئادەم ئۈچۈن ئازاد ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن (قىساس ئېلىنىدۇ)① . قاتىل ئۈچۈن قېرىندىشى (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى) تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ قاتىلدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى، (قاتىلنىڭمۇ دىيەتنى) ياخشىلىق بىلەن (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم② . بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە مەرھەمەتتۇر③ . شۇنىڭدىن (يەنى دىيەتنى بەرگەندىن) كېيىن چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەمگە قاتتىق ئازاب بار④ [178]. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەر ئۈچۈن قىساستا ھاياتلىق بار، (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ***

*ئۆلتۈرۈلدىغانلىقنى بىلسە، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)⑤ [179].*

① جاھىلىيەت دەۋرىدە قانۇن-تۈزۈم يوق ئىدى. كۈچلۈك قەبىلىلەر ئاجىز قەبىلىلەرگە خالىغانچە زۇلۇم قىلاتتى. ئۇ زۇلۇملارنىڭ بىر شەكلى شۇ ئىدىكى، ئەگەر كۈچلۈك قەبىلىنىڭ بىر ئادىمى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇلار قاتىلنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا كۇپايە قىلماستىن ئاجىز قەبىلىدىكى بىر نەچچە كىشىنى، بەزىدە پۈتۈن قەبىلىنى ھالاك قىلىشقا ئۇرۇناتتى. ئايالنىڭ ئورنىغا ئەرنى، قۇلنىڭ ئورنىغا ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ناھەقچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن كىم قاتىل بولسا، قىساس ئۈچۈن پەقەت شۇ قاتىلنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. ئەگەر قاتىل ھۆر كىشى بولسا، قىساس ئۈچۈن پەقەت ئاشۇ ھۆر كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ. قۇل بولسا، قىساس ئۈچۈن پەقەت شۇ قۇل، ئايال كىشى بولسا، قىساس ئۈچۈن پەقەت شۇ ئايال ئۆلتۈرۈلىدۇ. قۇلنىڭ ئورنىغا ھۆر، ئايالنىڭ ئورنىغا ئەر ياكى بىر ئەرنىڭ ئورنىغا بىر نەچچە ئەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. (ئايەتنىڭ زاھىرى لەۋزى بەرگەن چۈشەنچىدەك) بۇ قانداقتۇر بىر ئەر كىشى بىر ئايال كىشىنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن قايسىبىر ئايال ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى بىر ئايال بىر ئەرنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن قايسىبىر ئەرنى ئۆلتۈرسۇن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى قاتىل ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كۈچلۈك بولسۇن ياكى ئاجىز بولسۇن قىساس ئۈچۈن پەقەت شۇ قاتىلنىلا ئۆلتۈرۈش كېرەك، دېمەكتۇر. «مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى (ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن) باراۋەردۇر». (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 2751-ھەدىس) بۇ قۇرئان كەرىمدىكى ﴿جانغا جان بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ)﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاشتۇر. (سۈرە مائىدە 45-ئايەت) ھەنەفىي ئۆلىمالىرى بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان-كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەيدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. چۈنكى ھەدىستە «مۇسۇلمان-كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ» (سەھىھۇل بۇخارى6915-ھەدىس) دېيىلگەن. (فەتھۇلقەدىر) تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە مائىدە 45-ئايەتكە قارالسۇن.

② كەچۈرۈم قىلىشنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار: بىرىنچىسى، ماددى تۆلەم تۆلەتمەستىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەپۇ قىلىش. ئىككىنچىسى، قىساسنىڭ ئورنىغا تۆلەنگەن دىيەتنى قوبۇل قىلىش. بۇ ئايەتتە، ئەگەر ئىككىنچى شەكىل ئىختىيار قىلىنسا، دىيەت تەلەپ قىلغۇچى چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى كېرەك، دېيىلىۋاتىدۇ. ﴿ وَأَدَآءٌ إِلَيۡهِ بِإِحۡسَٰنٍۗ﴾ دېگەندە قاتىلمۇ دىيەتنى ياخشىلىق بىلەن كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق بېرىشكە بۇيرۇلۇپ، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلغان ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك، دېيىلىۋاتىدۇ. ﴿ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر﴾. (سۈرە رەھمان 60-ئايەت)

③ بۇ يېنىكلىتىش ۋە مەرھەمەت (يەنى قىساس، كەچۈرۈم ياكى دىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل يول) ئاللاھ تائالا تەرەپتىن سىلەرگە خاس قىلىپ بېرىلگەندۇر. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى تەۋرات ئەھلى (ئىسرائىل ئەۋلادى) ئۈچۈن قىساس ئېلىش ياكى ئەپۇ قىلىۋېتىش بار ئىدى؛ ئىنجىل ئەھلى (خرىستىئانلار) ئۈچۈن پەقەت ئەپۇ قىلىۋېتىشلا بار ئىدى، قىساس ۋە دىيەت يوق ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن ياكى دىيەت ئالغاندىن كېيىن قاتىلنى ئۆلتۈرۈش چەكتىن ئاشقانلىق ۋە زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇنداق قىلغان ئادەم دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە جازاسىنى كۆرىدۇ. ئۇنداق ئادەم ئۆزى زالىمغا ئايلىنىدۇ، شۇ ۋەجىدىن زالىمغا بېرىلىدىغان جازاغا لايىق بولىدۇ.

⑤ ئەگەر قاتىللىق قىلماقچى بولغان ئادەم ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن قورقسا، قاتىللىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. قىساس قانۇنى يۈرگۈزۈلگەن جەمئىيەتتە، قاتىلنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى باشقىلاردا قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ. جەمئىيەت قاتىللىق ۋە قانخورلۇقتىن ئەمىن تاپىدۇ. تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك پەيدا بولىدۇ.

كُتِبَ عَلَيۡكُمۡ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ إِن تَرَكَ خَيۡرًا ٱلۡوَصِيَّةُ
لِلۡوَٰلِدَيۡنِ وَٱلۡأَقۡرَبِينَ بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى ٱلۡمُتَّقِينَ ١٨٠ فَمَنۢ بَدَّلَهُۥ
بَعۡدَ مَا سَمِعَهُۥ فَإِنَّمَآ إِثۡمُهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ يُبَدِّلُونَهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ

عَلِيمٌ ﴿١٨١﴾ فَمَنْ خَافَ مِن مُّوصٍ جَنَفًا أَوْ إِثْمًا فَأَصْلَحَ بَيْنَهُمْ
فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٨٢﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ
لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٨٣﴾

*ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال - دۇنيا قالدۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئادالەت بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى پەرز قىلىندى① . بۇ تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك بۇرچىدۇر [180] ۋەسىيەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىمكى ئۇنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزگەرتكەنلەرنىڭ ئۇستىگە يۈكلىنىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [181]. كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكىنى② ياكى قەستەن ناتوغرا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ (يەنى ۋەسىيەت قىلغۇچىلار بىلەن ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [182]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى③ [183].*

① ۋەسىيەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بۇ بۇيرۇق مىراس ئايىتى چۈشۈشتىن ئىلگىرى كەلگەن ئىدى، كېيىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇڭا ھەدىستە ئەمرى ئىبنى خارىجىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغ قىلىۋېتىپ: ‹شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەربىر ھەق ئىگىسىگە تېگىشلىك ھەققىنى بەردى. مىراس ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق. (يەنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمىسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مىراستىكى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ھەققىنى ئالىدۇ)› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم». (سۈنەنى تىرمىزى 2120 - ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 2413 - ھەدىس) يەنى مىراسخورلارنىڭ ھەققى بەلگىلەندى، لېكىن ۋارىس ھېسابلانمايدىغان تۇغقانلارغا ۋەسىيەت

**قالدۇرسا ياكى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلسا، جايىز بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ كۆپ بولغاندا مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن زىيادە مالنى ۋەسىيەت قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 6733ـ ھەدىس)**

② ﴿جَنَفًا﴾ (مايىل بولۇش) دېمەك. خاتالىق ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن قايسىبىر تۇغقان تەرەپكە بەكرەك مايىل بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەققىنى كەم قىلىپ قويۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿إِثْمًا﴾ بىلىپ شۇنداق قىلىشنى ياكى گۇناھ بىر ئىشقا قىلىنغان ۋەسىيەتنى كۆرسىتىدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر) ئۇنداق ۋەسىيەتنى ئۆزگەرتىش ياكى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق كېرەك. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ۋەسىيەت قىلىشتا ئادىل بولۇش ناھايىتى زۆرۈردۇر، بولمىسا دۇنيادىن كېتىدىغان چاغدا زۇلۇم قىلىپ، ئاخىرەتتە نىجات تاپالماي قېلىش خەۋپى بار.

③ ﴿الصِّيَامُ﴾ (روزا) «صَوْمٌ» دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى بولۇپ، شەرىئەتتىكى مەنىسى سۇبھىدىن باشلاپ، كۈن پاتقىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ تەرك ئېتىش دېمەكتۇر. بۇ ئىبادەت نەپسنى پاكلاشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ پەرز قىلىنغان ئىدى. روزا تۇتۇشتىن مەقسەت تەقۋادارلىق ھاسىل قىلىشتۇر. چۈنكى، تەقۋادارلىق ئىنساننىڭ ئەخلاق ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تۈزەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

أَيَّامًا مَّعْدُودَٰتٍۢ ۚ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍۢ فَعِدَّةٌۭ مِّنْ
أَيَّامٍ أُخَرَ ۚ وَعَلَى ٱلَّذِينَ يُطِيقُونَهُۥ فِدْيَةٌۭ طَعَامُ مِسْكِينٍۢ ۖ فَمَن
تَطَوَّعَ خَيْرًۭا فَهُوَ خَيْرٌۭ لَّهُۥ ۚ وَأَن تَصُومُوا۟ خَيْرٌۭ لَّكُمْ ۖ إِن كُنتُمْ
تَعْلَمُونَ ﴿١٨٤﴾ شَهْرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلْقُرْءَانُ هُدًۭى لِّلنَّاسِ
وَبَيِّنَٰتٍۢ مِّنَ ٱلْهُدَىٰ وَٱلْفُرْقَانِ ۚ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ ٱلشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ ۖ

وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ۗ يُرِيدُ ٱللَّهُ
بِكُمُ ٱلْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ ٱلْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا۟ ٱلْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا۟
ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٨٥﴾

***(بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردىدۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل بولۇپ ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتالمىغان بولسا)، تۇتالمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن①، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (تۇتالمىغان ھەربىر كۈنى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم②. كىمكى (فىدىيەنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر③، ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (تۇتماي فىدىيە بەرگەندىن) ياخشىدۇر [184]. رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولدى④، ئۇ ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن (ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاندۇر. سىلەردىن كىم بۇ ئايغا يېتىشسە، روزا تۇتسۇن. كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا، (تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (بۇ قولاي ھۆكۈملەر رامىزان روزىسىنىڭ سانىنى تولدۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بېرىلگەن)دۇر [185].***

① بۇ ئايەتتە كېسەل بولۇپ قالغان ۋە سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالغان ئادەمگە رۇخسەت بېرىلگەن بولۇپ، كېسەللىك ياكى سەپەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، رامىزاندا قانچە كۈن روزا تۇتالمىغان بولسا، رامىزاندىن كېيىن شۇنچە كۈن تولۇقلىۋالسا بولىدۇ.

② ﴿يُطِيقُونَهُ﴾ – «مۇشەققەت بىلەن ئاران روزا تۇتىدىغانلار» دەپ ئىزاھلاندى. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان

بولۇپ، ئىمام بۇخارىمۇ ئۇنىڭغا ياخشى باھا بەرگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 4505-ھەدىسكە قارالسۇن) يەنى ناھايىتى قېرىپ كەتكەن ياكى شىپا تېپىشى ئۈمىد قىلىنمايدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى روزا تۇتۇشتا قىينىلىپ قالغىدەك بولسا، بىر كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىنگە فىدىيە يۈزىسىدىن تاماق بەرسە بولىدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار ئۇ ئايەتنى «كۈچى يېتىدىغانلار» دەپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، مەنىسى: ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كىشىلەر روزا تۇتۇپ ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا، كۈچى يېتىدىغانلارغىمۇ روزا تۇتمىغان بولسا، روزا تۇتمىغان ھەربىر كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بېرىشكە رۇخسەت بېرىلگەن ئىدى. لېكىن كېيىن ﴿سىلەردىن كىم بۇ ئايغا يېتىشسە، روزا تۇتسۇن﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى پەرز قىلىندى ۋە يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدى. ئەمما بەك قېرىپ كەتكەنلەر ياكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلار مەزكۇر ھۆكۈم بويىچە، ھەربىر كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تاماق بەرسە بولىدۇ. ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتكۈچى ئاياللار روزا تۇتۇشتا قىيىنچىلىق ھېس قىلسا، كېسەلنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، يەنى روزا تۇتماي، كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ. (تۇھفەتۇلئەھۋەزى، سۈنەنى تىرمىزى 715-ھەدىسنىڭ شەرھى)

③ كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، بىر مىسكىننىڭ ئورنىغا ئىككى ياكى ئۈچ مىسكىنگە تاماق بەرسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.

④ ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولدى﴾ دېگەننىڭ مەنىسى قۇرئان كەرىم مۇكەممەل شەكلىدە بىر رامىزاندىلا چۈشكەن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى رامىزان ئېيىدىكى قەدىر كېچىسىدە لەۋھۇلمەھپۇزدىن دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈرۈلۈپ، ئۇ يەردىكى بەيتۇلئىززەتتە قويۇلغان، ئۇ يەردىن 23 يىل جەريانىدا ۋەقەلەر بويىچە چۈشۈرۈلگەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم رامىزاندا ياكى قەدىر كېچىسىدە ياكى مۇبارەك كېچىدە نازىل بولغان دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى توغرا، چۈنكى قۇرئان كەرىم لەۋھۇلمەھپۇزدىن رامىزاندا چۈشكەن، قەدىر كېچىسى ۋە مۇبارەك كېچە ھەر ئىككىسى ئوخشاش بىر كېچىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، قەدىر كېچىسى رامىزاندىلا كېلىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسى ﴿رامىزان

ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى ﴾ دېگەن بولىدۇ، چۈنكى تۇنجى قېتىم كەلگەن ۋەھيي رامىزاندا ھىرا غارىدا چۈشكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن رامىزان بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى يېقىن بىر باغلىنىشلىق مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك رامىزان ئېيىدا جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئاننى بىر قېتىم تەكرار قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كېتىدىغان يىلى رامىزاندا جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىككى قېتىم تەكرارلىغان ئىدى، رامىزاننىڭ ئاخىرىدىكى تاق كېچىلىرى (25، 23 ۋە 27) دە ساھابىلەرنى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا سەپەرۋەر قىلغان ئىدى. ئۇ ناماز تاراۋىھ نامىزى دەپ ئاتىلىدۇ. (ئەلبانىينىڭ سەھىھ تىرمىزى 806-ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە 1100-ھەدىسلەرگە قارالسۇن) تاراۋىھ نامىزى 8 رەكئەت بولۇپ، ۋىتىر بىلەن 11 رەكئەت ئىدى. بۇ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ھەققىدىكى) رىۋايىتىدە ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سەھىھ بۇخارىدىكى رىۋايىتىدە (1147-ھەدىستە) زىكىر قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 20 رەكئەت تاراۋىھ ئوقۇغانلىقى ھېچقانداق بىر سەھىھ ھەدىستە كەلگەن ئەمەس، ئەمما بەزى ساھابىلەرنىڭ 20 رەكئەتتىن ئارتۇق ئوقۇغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە نىيىتى بىلەن يىگىرمە رەكئەت ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يا كەم ئوقۇشقا بولىدۇ.

وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌۖ أُجِيبُ دَعْوَةَ ٱلدَّاعِ إِذَا دَعَانِۖ فَلْيَسْتَجِيبُواْ لِي وَلْيُؤْمِنُواْ بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ ﴿١٨٦﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن). ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن①، شۇڭا ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن [186].***

① مۇبارەك رامىزاننىڭ ئەھكاملىرى ئارىسىدا دۇئانىڭ زىكىر

قىلىنىشى رامىزاندا دۇئانىڭ ناھايىتى پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزاندا دۇئا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، خۇسۇسەن ئىپتار ۋاقتى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان خاس ۋاقىتلاردىندۇر. (مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 445-بەت، سۇنەنى تىرمىزى 3598-ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە 1753-ھەدىسلەرگە قارالسۇن (دۇئانىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن قۇرئان-ھەدىستە بايان قىلىنغان قائىدە ۋە شەرتلەرگە رىئايە قىلىش ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئۇلاردىن ئىككىسى بۇ يەردە بايان قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچىسى، ئاللاھقا ھەقىقىي مەنىدە ئىشىنىش. ئىككىنچىسى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ھەدىسلەردە يېمەك-ئىچمەككە ھارام ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ھەمدە ئاجىزلىقنى ئىزھار قىلغان ۋە ئەيمەنگەن ھالدا دۇئا قىلىشمۇ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

أُحِلَّ لَكُمْ لَيْلَةَ ٱلصِّيَامِ ٱلرَّفَثُ إِلَىٰ نِسَآئِكُمْ ۚ هُنَّ لِبَاسٌ لَّكُمْ وَأَنتُمْ لِبَاسٌ لَّهُنَّ ۗ عَلِمَ ٱللَّهُ أَنَّكُمْ كُنتُمْ تَخْتَانُونَ أَنفُسَكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ وَعَفَا عَنكُمْ ۖ فَٱلْـَٔـٰنَ بَـٰشِرُوهُنَّ وَٱبْتَغُوا۟ مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَكُمْ ۚ وَكُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكُمُ ٱلْخَيْطُ ٱلْأَبْيَضُ مِنَ ٱلْخَيْطِ ٱلْأَسْوَدِ مِنَ ٱلْفَجْرِ ۖ ثُمَّ أَتِمُّوا۟ ٱلصِّيَامَ إِلَى ٱلَّيْلِ ۚ وَلَا تُبَـٰشِرُوهُنَّ وَأَنتُمْ عَـٰكِفُونَ فِى ٱلْمَسَـٰجِدِ ۗ تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ ءَايَـٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿١٨٧﴾

*روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى. ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەر ئۆزئارا ئارىلىشىپ، كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىپ ياشايسىلەر). ئاللاھ سىلەرنىڭ (رامىزان كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلىشىپ) ئۆزۈڭلارغا خىيانەت قىلغانلىقىڭلارنى بىلدى ۋە تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (رامىزان كېچىلىرىدىمۇ) يېقىنچىلىق قىلساڭلار بولىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان (پەرزەنت)نى*

***تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغان (يەنى تاڭ يورۇغان)غا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار①، ئاندىن كەچ كىرگۈچە روزا تۇتۇڭلار②، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن كېچە بولسۇن) ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار③، ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. ئاللاھ ئىنسانلارنى (گۇناھلاردىن) ساقلانسۇن دەپ، ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ [187].***

① ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە روزا تۇتقان ئادەمگە ئىپتاردىن كېيىن يېمەك-ئىچمەك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش پەقەت ناماز خۇپتەنگىچە ياكى ئۇخلىغانغا قەدەر جايىز ئىدى. قاچان ئۇخلىسا ياكى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولسىلا، مەزكۇر ئىشلارنى قىلىشقا بولمايتتى. ئېنىقكى، بۇ چەكلىمە قاتتىق ئىدى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش مۇشكۈل ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلاردىن بۇ ئىككى چەكلىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى، ئىپتاردىن باشلاپ سۈبھىگىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلدى. ﴿الرَّفَثُ﴾ دېگەندە ئايالى بىلەن بىر يەردە بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئاق يىپ» سۈبھىنى (يەنى كۈندۈزنىڭ ئاقلىقىنى)، «قارا يىپ» كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلاۋە: بۇنىڭدىن جۇنۇب ھالەتتە روزا تۇتۇشقا باشلىسا بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا سۈبھىگىچە مەزكۇر ئىشلارغا رۇخسەت قىلغان. سەھىھ مۇسلىم ۋە سەھىھۇل بۇخارىدە بۇنى تەكىتلەيدىغان رىۋايەتلەر باردۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى كەچ بولسىلا (كۈننىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەن دەرھال) ئىپتار قىلىڭلار، كېچىكتۈرمەڭلار. ھەدىستە ئىپتارنى بالدۇر قىلىشنىڭ پەزىلىتى تەكىتلەنگەن. يەنە بىر مەنىسى، روزىنى ئۇلاپ تۇتماڭلار. ئۇلاپ تۇتۇش دېگەن ئىپتار قىلماستىنلا ئەتىنىڭ روزىسىنى تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى قاتتىق چەكلىگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 1965-ھەدىسكە قارالسۇن)

③ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئادەمگە ئايالىنى سۆيۈش ۋە قۇچاقلاش جايىز بولمايدۇ، لېكىن كۆرۈشۈش ۋە سۆزلىشىش جايىزدۇر. ﴿مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان﴾ دېگەن ئايەتتىن مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال

بولسۇن ئېتىكاپتا ئولتۇرماق ئۈچۈن مەسجىد بولۇشى زۆرۈر دېگەن دەلىل ئىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشى جايىز بولمايدۇ. ئاياللارنىڭ مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەرلەردىن ئايرىم تۇرىدىغان، ئەرلەرگە ئارىلاشمايدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. مەسجىدتە ئۇلارغا ئەرلەردىن ئايرىم تۇرىدىغان مۇناسىپ جاي بولمىغان ئەھۋالدا ئاياللارغا مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق كېرەك. ئاياللارمۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتا چىڭ تۇرىۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇ بىر نەپلە ئىبادەت بولۇپ، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مۇۋاپىق شارائىت بولمىسا، بۇ نەپلە ئىبادەتنى تەرك ئېتىش ئەۋزەلدۇر. فىقھى قائىدىلەرگە ئاساسەن مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن زىياننى تەرك ئەتمەك ۋە ئۇنى كەينىگە سۈرمەك زۆرۈردۇر.

وَلَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَكُم بَيۡنَكُم بِٱلۡبَٰطِلِ وَتُدۡلُواْ بِهَآ إِلَى ٱلۡحُكَّامِ
لِتَأۡكُلُواْ فَرِيقٗا مِّنۡ أَمۡوَٰلِ ٱلنَّاسِ بِٱلۡإِثۡمِ وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ١٨٨
۞ يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَهِلَّةِۖ قُلۡ هِيَ مَوَٰقِيتُ لِلنَّاسِ وَٱلۡحَجِّۗ وَلَيۡسَ
ٱلۡبِرُّ بِأَن تَأۡتُواْ ٱلۡبُيُوتَ مِن ظُهُورِهَا وَلَٰكِنَّ ٱلۡبِرَّ مَنِ ٱتَّقَىٰۗ
وَأۡتُواْ ٱلۡبُيُوتَ مِنۡ أَبۡوَٰبِهَاۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ١٨٩ وَقَٰتِلُواْ
فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ
ٱلۡمُعۡتَدِينَ ١٩٠

***بىر - بىرىڭلارنىڭ پۇل - ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىدىن بىر قىسمىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ئەمەلدارلارغا پارا بەرمەڭلار[1] [188]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ھىلال ئاي توغرۇلۇق سورىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ (ئىبادەتلىرى) ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرى (نى بەلگىلەش) ئۈچۈندۇر». ياخشىلىق (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا) ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن (تۆشۈك ئېچىپ) كىرىش ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق (گۇناھتىن***

***ساقلانغان ئادەمنىڭ ياخشىلىقىدۇر. سىلەر (ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا ئادەتتىكىدەك) ئۆيلەرگە ئىشىكىدىن كىرىڭلار②، نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار [189]. سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار③. چۈنكى، ئاللاھ تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ [190].***

① ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ (ئايەت) – قولىدا باشقا بىر ئادەمنىڭ پۇل-مېلى بار، (ئەمما) پۇل ئىگىسىنىڭ قولىدا ھۆججىتى يوق، ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، تېنىۋالىدىغان، يەنە ئۆزىنىڭ ھەقسىزلىقىنى ۋە ھارام يېگەن كىشىنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، دەۋالىشىش ئۈچۈن ھاكىمنىڭ ئالدىغا بارىدىغان شەخسكە قارىتىلغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) كىشىلەرنىڭ ھەققىنى سوت ئارقىلىق زۇلۇم قىلىپ، يەۋېلىش زۇلۇمدۇر ۋە ھارامدۇر. ھاكىمنىڭ ھۆكمى زۇلۇمنى جايىز، ھارامنى ھالال قىلالمايدۇ. باشقىلارنىڭ ھەققىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇناھكار بولىۋېرىدۇ.

② ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئەنسارلار ۋە باشقا ئەرەبلەر ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كىرىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئىشىكتىن كىرمەي، ئارقا (تامدىن تۆشۈك ئېچىپ ياكى) تامدىن ئاتلاپ كىرەتتى. ئۇلار بۇنى (دىني جەھەتتىن) ياخشى ئەمەلنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قارايتتى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ، ئۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەلگە كىرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. (ئەيسەر تەپاسىر)

③ بۇ ئايەتتە تۇنجى قېتىم مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بېرىلدى. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۇرۇشتا تاجاۋۇز قىلىشتىن مەنئى قىلدى. يەنى جەسەتلەرنى پارچىلاش ۋە ئەزالىرىنى كېسىۋېتىش، ئۇرۇشقا پىكىر قوشمىغان ۋە جەڭگە قاتناشمىغان ئاياللارنى، كىچىك باللارنى ۋە قېرى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش، دەرەخلەرنى كېسىش ۋە كۆيدۈرۈش، ھايۋانلارنى ئورۇنسىز ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلار تاجاۋۇز قىلىش جۈملىسىدىن بولغاچقا، چەكلىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

ٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡ وَأَخۡرِجُوهُم مِّنۡ حَيۡثُ أَخۡرَجُوكُمۡۚ وَٱلۡفِتۡنَةُ أَشَدُّ مِنَ ٱلۡقَتۡلِۚ وَلَا تُقَٰتِلُوهُمۡ عِندَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ حَتَّىٰ يُقَٰتِلُوكُمۡ فِيهِۖ فَإِن قَٰتَلُوكُمۡ فَٱقۡتُلُوهُمۡۗ كَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٩١﴾ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٩٢﴾ وَقَٰتِلُوهُمۡ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتۡنَةٞ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ لِلَّهِۖ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَلَا عُدۡوَٰنَ إِلَّا عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٩٣﴾ ٱلشَّهۡرُ ٱلۡحَرَامُ بِٱلشَّهۡرِ ٱلۡحَرَامِ وَٱلۡحُرُمَٰتُ قِصَاصٞۚ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَٱعۡتَدُواْ عَلَيۡهِ بِمِثۡلِ مَا ٱعۡتَدَىٰ عَلَيۡكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿١٩٤﴾

***ئۇلارنى (يەنى تاجاۋۇزچىلارنى) (ئۇلار ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن) ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار سىلەرنى چىقىرىۋەتكەن جايدىن سىلەرمۇ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىڭلار. پىتنە ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ياماندۇر (يەنى قاتتىق گۇناھتۇر)①. تاكى ئۇلار ئۆزى ئۇرۇش ئاچمىغۇچە مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار②. كاپىرلارنىڭ جازاسى مۇشۇنداق بولىدۇ [191]. ئەگەر ئۇلار (ئۇرۇشتىن ۋە كۇفرىدىن) ۋاز كەچسە، (سىلەرمۇ ئۇرۇشتىن قول يىغىڭلار) شەكسىزكى، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر [192]. تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن ۋە دۈشمەنلىكتىن) ۋاز كەچسە، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ [193]. (ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر③ (يەنى ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلار ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلىقىنىڭ جازاسىدۇر). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر بىر-بىرى بىلەن تەڭدۇر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا***

***تېگىشلىك نەرسىلەرنى ۋە جايلارنى دەپسەندە قىلغانلار قىلمىشىنىڭ ئوخشىشى بىلەن جازالىنىدۇ). كىم سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر [194].***

① ئۇز ۋاقىتتا مەككىدە مۇسۇلمانلار ئاجىز ۋە تارقاق ئىدى. شۇڭا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئىدى، ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار مەدىنىگە جەم بولغان ۋە كۈچەيگەن چاغدا ئۇلارغا جىھاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلار بىلەنلا ئۇرۇش قىلاتتى، كېيىن ئۇرۇشنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى، ھەتتا مۇسۇلمانلار زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن كاپىرلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرىغىچە بېرىپ جىھاد قىلدى. قۇرئان كەرىم تاجاۋۇز قىلىشتىن چەكلىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەشكەرلىرىگە تەكىتلەپ مۇنداق دەيتتى: «سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ تائالاغا كاپىر بولغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، (ئولجىلارغا) خىيانەت قىلماڭلار، ئەھدىنى بۇزماڭلار، جەسەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىۋەتمەڭلار، پارچىلىۋەتمەڭلار، كىچىك باللارنى، ئاياللارنى ۋە ئىبادەتخانىدا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرمەڭلار، دەرەخلەرنى كەسمەڭلار، كۆيدۈرمەڭلار، زۆرۈرىيەتسىز ھايۋانلارنى ئۆلتۈرمەڭلار!». (تەپسىر ئىبنى كەسىر، سەھىھ مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىن) ﴿ئۇچرانقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾ دېگەننىڭ مەنىسى قەيەردە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە قادىر بولساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، دېمەكتۇر. (ئەيسەر تەپاسىر )

﴿ئۇلار سىلەرنى چىقىرىۋەتكەن جايدىن سىلەرمۇ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىڭلار﴾ يەنى كاپىرلار سىلەرنى مەككىدىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار! مەسىلەن: مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئىش ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى، مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەر ئەھدىدە بەلگىلەنگەن مۇددەت توشقاندىن كېيىن مەككىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇلدى. ﴿فِتْنَةُ﴾ دېگەندە كۇفرى ۋە شېرىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ياماندۇر، شۇڭا ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن جىھاد قىلىشتىن توختاپ قالماسلىق لازىم.

② ھەرەمنىڭ چېگراسى ئىچىدە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن. لېكىن

ئەگەر كاپىرلار ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماي سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلساڭلار بولىدۇ.

③ مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ 6-يىلى 1400 ساھابە كىراملار بىلەن ئۆمرىگە ئىھرام باغلاپ مەدىنىدىن مەككىگە ماڭغان ئىدى، بىراق كاپىرلار ئۇلارنى ھەرەمگە كىرىشتىن توستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كېلەر يىلى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك ھەرەمگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىشقا كېلىشىم تۈزدى. بۇ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردىن بىرى بولغان زۇلقەئدە ئېيى ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. يەنى مەككە كاپىرلىرى بۇ قېتىممۇ بۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماي (ئۆتكەن يىلدىكىدەك) سىلەرنى مەككىگە كىرىشتىن توسۇپ قويسا، سىلەرمۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىگە قارىماي ئۇلارغا قارشى چىقساڭلار بولىدۇ. ھۆرمەت قىلىش ۋاجىب بولغان نەرسىلەر ھۆرمەت قىلىش ۋاجىب بولغان نەرسىلەرگە باراۋەردۇر. ئۇلار ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىسا، سىلەرمۇ ساقلاڭلار. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، سىلەرمۇ ئۇلارغا ئىبرەت ئالغىدەك ساۋاق بېرىپ قويساڭلار بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَأَنفِقُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا تُلْقُوا۟ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى ٱلتَّهْلُكَةِ ۛ وَأَحْسِنُوٓا۟ ۛ
إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٩٥﴾ وَأَتِمُّوا۟ ٱلْحَجَّ وَٱلْعُمْرَةَ لِلَّهِ ۚ فَإِنْ
أُحْصِرْتُمْ فَمَا ٱسْتَيْسَرَ مِنَ ٱلْهَدْىِ ۖ وَلَا تَحْلِقُوا۟ رُءُوسَكُمْ حَتَّىٰ
يَبْلُغَ ٱلْهَدْىُ مَحِلَّهُۥ ۚ

*ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىڭلار، (بېخىللىق قىلىپ) ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار①، (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى ۋە پۇل - مال سەرپ قىلىشنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ [195]. ھەج بىلەن ئۆمرە (ئىبادىتى)نى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار②، ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، قۇربانلىققا (يارايدىغان چارۋىلاردىن يەنى تۆگە،*

*كالا، قويدىن) نېمىنى تاپالىساڭلار، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار③، قۇربانلىق قىلىدىغان مال بەلگىلەنگەن جايغا يەتمىگۈچە چېچىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار④.*

① بۇنىڭدىن بەزى مۇپەسسىرلەر: ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلماسلىق، بەزىلەر جىھادنى تەرك ئېتىش، يەنە بەزىلەر گۇناھنىڭ ئۈستىگە گۇناھ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاكەتنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدۇر. دېمەك جىھادنى تەرك ئەتسەڭلار ياكى جىھاد ئۈچۈن پۇل-مېلىڭلارنى سەرپ قىلمىساڭلار، دۈشمەن كۈچلۈك بولۇپ كېتىپ، سىلەر ئاجىز بولۇپ قالىسىلەر، ئۇنىڭ نەتىجىسى ھالاكەت بولىدۇ.

② يەنى ھەجگە ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان بولساڭلار، مەيلى ئۇ نەپلە ھەج ياكى نەپلە ئۆمرە بولسىمۇ، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىشىڭلار كېرەك. (فەتھۇلقەدىر)

③ ئەگەر يولدا دۈشمەن تەرىپىدىن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇ ھالدا قۇربانلىق قىلىشقا نېمە ئوڭاي بولسا، يەنى بىر قوينى قۇربانلىق قىلىپ، ئېھرامدىن چىقساڭلار بولىدۇ. كالا ياكى تۆگىنىڭ يەتتىدىن بىر ھەسسىسى بولسىمۇ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىمۇ ئۆمرە قىلىشتىن توسۇلۇپ قالغاندا ھۇدەيبىيەدە قۇربانلىقلىرىنى بوغۇزلىغان ئىدى، ھۇدەيبىيە ھەرەم چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى بىر جاينىڭ نامىدۇر. (فەتھۇلقەدىر) ئاندىن سىلەر كېلەر يىلى ئۇنىڭ قازاسىنى قىلساڭلار بولىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ 6-يىلىدىكى ئۆمرىنىڭ قازاسىنى 7-يىلى ئادا قىلغان ئىدى.

④ بۇ يەردىكى باغلىغۇچى ئالماش «ھەج بىلەن ئۆمرەنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار» دېگەن بۇيرۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكمى ئەمىنلىك بولغان چاغدىكى ئەھۋالغا قارىتىلغان. يەنى ھەجنىڭ بارلىق ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى تامام قىلىپ بولمىغۇچە «چېچىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار» يەنى ئېھرامدىن چىقماڭلار، دېمەكتۇر.

فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوۡ بِهِۦٓ أَذٗى مِّن رَّأۡسِهِۦ فَفِدۡيَةٞ مِّن
صِيَامٍ أَوۡ صَدَقَةٍ أَوۡ نُسُكٖۚ فَإِذَآ أَمِنتُمۡ فَمَن تَمَتَّعَ بِٱلۡعُمۡرَةِ إِلَى
ٱلۡحَجِّ فَمَا ٱسۡتَيۡسَرَ مِنَ ٱلۡهَدۡيِۚ فَمَن لَّمۡ يَجِدۡ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٖ
فِي ٱلۡحَجِّ وَسَبۡعَةٍ إِذَا رَجَعۡتُمۡۗ تِلۡكَ عَشَرَةٞ كَامِلَةٞۗ ذَٰلِكَ لِمَن لَّمۡ
يَكُنۡ أَهۡلُهُۥ حَاضِرِي ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ
ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿١٩٦﴾

*سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى بېشىدا ئىللەت بولۇپ (ئېھرامدا تۇرۇپ چېچىنى چۈشۈرۈشكە مۇھتاج بولۇپ قالسا)، (ئۈچ كۈن) روزا تۇتۇش، ياكى (ئالتە مىسكىنگە ھەربىرىگە يېرىم سادىن*) سەدىقە بېرىش، ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلىش بىلەن فىديە ئادا قىلسۇن①. ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم قۇربانلىقتىن نېمە ئوڭاي بولسا شۇنى قىلسۇن. (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقتىن) قۇربانلىق تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، بۇ تولۇق ئون كۈن بولىدۇ②. مانا بۇ (يەنى ھەج قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى) ھۆكۈم مەسجىدى ھەرەم دائىرىسىدە (يەنى مەككىدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر③. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى بەكمۇ قاتتىقتۇر [196].*

① يەنى ئەگەر بىرەر قىيىنچىلىق ياكى ئۆزرە سەۋەبلىك چېچىنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان بولسا، فىديە بېرىش زۆرۈردۇر. ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن مەزكۇر ئۆزرىلىك كىشى فىديە ئۈچۈن ئالتە مىسكىنگە تائام بېرىشى ياكى بىر قوي بوغۇزلىشى ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. روزا تۇتۇشتىن باشقا ئىككى فىديەنىڭ ئادا قىلىش ئورنى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. بەزى ئۆلىمالار: تائام بېرىش ۋە مال بوغۇزلاش پەقەت مەككىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، دېسە، بەزى ئۆلىمالار: ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا ئوخشاش بۇ ئىككىسىگە مۇئەييەن ئورۇن بەلگىلەنمىگەن،

دەيدۇ، ئىمام شەۋكانى كېيىنكى قاراشنى قوللايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② ھەج ئۈچ خىل بولىدۇ:

1- «ئىفراد»تا ئۆمرە بولمايدۇ، ئۇنىڭدا پەقەت ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلىنىدۇ.

2- «قىران»دا ھەج ۋە ئۆمرە ھەر ئىككىسى ئۈچۈن نىيەت قىلىپ، ئېھرام باغلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىدە ھەجنىڭ بارلىق ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ئېھرامدىن چىقىش جايىز بولمايدۇ.

3- «ھەج تەمەتتۇئ»دىمۇ ھەج ۋە ئۆمرە ھەر ئىككىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلىپ، ئېھرام باغلىنىدۇ، ئەمما تەمەتتۇئ قىلغۇچى ئاۋال ئۆمرىگە نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلايدۇ، ئۆمرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ، ئاندىن زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى مەككىنىڭ ئىچىدىن ھەجنى نىيەت قىلىپ قايتا ئېھرام باغلايدۇ. «تەمەتتۇئ»نىڭ مەنىسى پايدىلىنىش، بەھرىلىنىش بولۇپ، تەمەتتۇئ قىلماقچى بولغان كىشى ئۆمرە بىلەن ھەجنىڭ ئارىسىدا ئېھرامدىن چىقىپ (مەلۇم مۇددەت نورمال ھالەتتىن) پايدىلىنىدۇ (يەنى ئېھرام ھالىتىدىكى چەكلىمىلەردىن ئازاد بولىدۇ). ھەج تەمەتتۇئ بىلەن ھەج قىران ھەر ئىككىسىدە بىر (يەنى بىر قوي ياكى بىر كالىنىڭ يا بىر تۆگىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى) قۇربانلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئايەتتە «ھەج تەمەتتۇئ»نىڭ ھۆكمى بايان قىلىنغان بولۇپ، تەمەتتۇئ قىلغۇچى قۇدرىتى يەتسە زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنى بىر مال قۇربانلىق قىلىدۇ. ئەگەر قۇربانلىق قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىسە، ھەج كۈنلىرىدە ئۈچ كۈن، ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن 7 كۈن روزا تۇتىدۇ. روزا تۇتىدىغان «ھەج كۈنلىرى» دېگەندە زۇلھەججىنىڭ 1-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە يەنى ئەرەفات كۈنىدىن ئىلگىرىكى كۈنلەر ياكى تەشرىق كۈنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەشرىق كۈنلىرى زۇلھەججىنىڭ 11-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى ھەرەمدە مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان يەنى ھەرەم ئەھلى ئەمەس كىشىلەر ھەج تەمەتتۇئ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇربانلىق كېلىدۇ، قۇربانلىق قىلالمىسا، ئون كۈن روزا تۇتىدۇ. دېمەك ھەرەم ئەھلى ھەج تەمەتتۇئ قىلمايدۇ، شۇڭا قۇربانلىقمۇ قىلمايدۇ. ھەرەم چېگراسى ئىچىدە ياكى

ھەرەمدىن نامازنى قەسر قىلمىغۇدەك يىراقلىقتا ياشايدىغان كىشىلەر ھەرەم ئەھلى جۈملىسىگە كىرىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ئىبنى جەرىردىن)

*بىر سا 2.17 كىلوگىرامغا تەڭ، دېمەك 3 سا 6.5 كىلوگىرام بولىدۇ. (تەھرىردىن)

ٱلْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَٰتٌ ۚ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ ٱلْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِى ٱلْحَجِّ ۗ وَمَا تَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ ٱللَّهُ ۗ وَتَزَوَّدُوا۟ فَإِنَّ خَيْرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقْوَىٰ ۚ وَٱتَّقُونِ يَٰٓأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿١٩٧﴾

*ھەج (ۋاقتى) مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر① (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئىدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل ـ ماجىرا قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ②، سىلەر قانداقلا بىر ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، (ھەج سەپىرىڭلار ئۈچۈن) ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىڭلار، شەكسىزكى، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋادارلىقتۇر③. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! مەندىن قورقۇڭلار [197].*

① يەنى ھەج قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت شەۋۋال ۋە زۇلقەئىدە ئايلىرى بىلەن زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدۇر. دېمەك، ئۆمرە قىلىش ھەر قانداق ۋاقىتتا جايىز بولىدۇ، لېكىن ھەج پەقەت خاس كۈنلەردىلا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج ئايلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ھەجگە ئېھرام باغلاش جايىز بولمايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

ئىلاۋە: مەككە ئەھلى ھەج قىران ياكى ھەج ئىفراد ئۈچۈن مەككىنىڭ ئىچىدىنلا ئېھرام باغلايدۇ، ئەمما ھەج تەمەتتۇئ ئۈچۈن ھەرەم چېگراسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۆمرىگە ئېھرام باغلاپ كىرىشى زۆرۈردۇر. (فەتھۇلبارى، ھەج كىتابى، ئۆمرە بابلىرى ۋە مۇۋەتتا ئىمام مالىك) شۇنىڭدەك يەنە سىرتتىن كەلگەن ھاجىلار ھەج تەمەتتۇئ ئۈچۈن

زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى مەككىدىنلا ئېھرام باغلايدۇ. ئەمما بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، مەككە ئەھلىنىڭ ئۆمرىگە ئېھرام باغلاش ئۈچۈن ھەرەم چېگراسىنىڭ سىرتىغا چىقىشى زۆرۈر ئەمەس، شۇڭا ھەر قانداق ئۆمرە ۋە ھەج ئۈچۈن ئۆزى تۇرىۋاتقان جايدىن ئېھرام باغلىسا بولىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ھافىز ئىبنۇلقەييىم مۇنداق يازغان: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆز ۋە ئەمەللىرىدىن ئېلىنغان ئىككى خىل ئۆمرە بار: بىرى، ھەج تەمەتتۇئ بىلەن ئادا قىلىدىغان ئۆمرە، يەنە بىرى، يەككە ئۆمرە بولۇپ، ھەج كۈنلىرىدىن باشقا ھەر قانداق ۋاقىتتا پەقەت ئۆمرە قىلىش نىيىتى بىلەن سەپەر قىلىپ ئادا قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىرتتىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ ھەرەمنىڭ چېگرا سىرتىغا چىقىپلا ئېھرام باغلاپ كىرىش يولغا قويۇلمىغان. (ئەمما ئەھۋالى، شارائىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش كىشىلەر بولسا ئۇلارغا يول قويۇلىدۇ)». (زادۇلمەئاد 2-توم)

② سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى (ھەجگە ئېھرام باغلاپ) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي، گۇناھ قىلماي ھەج قىلسا، ئۇ كىشى گۇناھىدىن ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنگە ئوخشاش پاكلىنىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 1820-ھەدىس)

③ بۇ يەردىكى «تەقۋادارلىق» تىلەمچىلىك قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. بەزى كىشىلەر بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق دەپ، ئۆيلىرىدىن ئوزۇقلۇق ئالماي ھەج سەپىرىگە چىقاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تەۋەككۇلنىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىشنى تەكىتلىدى.

لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَبْتَغُوا۟ فَضْلًا مِّن رَّبِّكُمْ ۚ فَإِذَآ أَفَضْتُم
مِّنْ عَرَفَٰتٍ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ عِندَ ٱلْمَشْعَرِ ٱلْحَرَامِ ۖ وَٱذْكُرُوهُ كَمَا
هَدَىٰكُمْ وَإِن كُنتُم مِّن قَبْلِهِۦ لَمِنَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿١٩٨﴾ ثُمَّ أَفِيضُوا۟ مِنْ
حَيْثُ أَفَاضَ ٱلنَّاسُ وَٱسْتَغْفِرُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٩٩﴾ فَإِذَا
قَضَيْتُم مَّنَٰسِكَكُمْ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ كَذِكْرِكُمْ ءَابَآءَكُمْ أَوْ أَشَدَّ

ذِكۡرٗاۗ فَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا وَمَا لَهُۥ فِي
ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖ ﴿٢٠٠﴾ وَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا
حَسَنَةٗ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ حَسَنَةٗ وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿٢٠١﴾

***رەببىڭلاردىن (ھەج مەزگىلىدە تىجارەت ۋە باشقا ئىشلار ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ① . ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرۇلھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار. شەكسىزكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىلەر ئازغۇنلاردىن ئىدىڭلار② (يەنى ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار) [198]. ئاندىن كېيىن، سىلەر كىشىلەر قايتقان جايدىن (يەنى ئەرەفاتتىن قايتىڭلار③ ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [199]. سىلەر ھەجگە خاس ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنى ئاتا - بوۋاڭلارنى ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياد ئېتىڭلار④ . بەزى كىشىلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە (مۇكاپاتتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر [200]. بەزى كىشىلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن⑤ ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ [201].***

① ﴿ فَضۡلٗا﴾ دېگەندە تىجارەت ۋە باشقا ھۈنەر-كەسپلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ھەج سەپىرىدە تىجارەت قىلسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

② زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنى كۈن چۈشتىن قايرىلغاندىن باشلاپ كۈن پاتقىچە ئەرەفاتتا تۇرۇش ھەجنىڭ مۇھىم بىر شەرتى ۋە ئاساسىدۇر. بۇ ھەقتە ھەدىستە: «ھەج ئەرەفاتتا تۇرۇشتۇر» دېيىلگەن. شام نامىزى ئەرەفاتتا ئوقۇلمايدۇ، بەلكى مۇزدەلىفەگە بېرىپ، شام ئۈچ رەكئەت، خۇپتەن قىسقارتىلىپ ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ، ئىككى ناماز بىر

ۋاقىتتا، بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇلىدۇ. مۇزدەلىفە «مەشئەرۇلھەرام» دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ جاي ھەرەمنىڭ ئىچىگە تەۋەدۇر، بۇ يەردە كۆپ زىكىر قىلىش تەكىتلەنگەن. ھاجىلار بۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ، ناماز بامداتنى سەل قاراڭغۇدا ئادا قىلىپ (يەنى ئەۋۋەلقى ۋاقتىدا ئوقۇپ)، كۈن چىققۇچە زىكىر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، كۈن چىققاندىن كېيىن مىناغا بارىدۇ.

③ مەزكۇر تەرتىپ بويىچە ئەرەفاتقا بېرىش، ئۇ يەردە شامغىچە تۇرۇپ، قايتىپ كېلىش زۆرۈردۇر. ئەرەفات ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرەيشلەر ئەرەفاتقا قەدەر بارمايتتى، بەلكى مۇزدەلىفەدىن قايتىپ كېلەتتى، شۇڭا بۇ يەردە بۇيرۇق «كىشىلەر قايتقان جايدىن قايتىڭلار» دەپ كەلدى، يەنى ئەرەفاتتىن قايتىڭلار! دېيىلدى.

④ ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر ھەجنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مىنادا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ياد ئېتەتتى. بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا دېيىلىۋاتىدۇكى، سىلەر زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش، چاچ چۈشۈرۈش، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، سافا-مەرۋىنى سەئيى قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۈچ كۈن مىنادا تۇرۇڭلار! ئۇ يەردە ئىلگىرى ئاتا-بوۋاڭلارنى ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىڭلار!

⑤ يەنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلغىن، دەيدۇ. دېمەك مۇئمىنلەر دۇنيادىمۇ مال-دۇنيانى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى كۆپ ئوقۇيتتى. بەزى كىشىلەر يەتتە تاۋاپنىڭ ھەربىرىگە بىر دۇئا بەلگىلەپ ئوقۇيدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. تاۋاپتا ۋە رۇكنى يەمانى بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئارىسىدا ﴿ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَّفِي الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَّ قِنَا عَذَابَ النَّارِ ﴾ ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾ دېگەن دۇئانى ئوقۇش سۈننەتتۇر.

أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ نَصِيبٞ مِّمَّا كَسَبُواْۚ وَٱللَّهُ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿٢٠٢﴾

وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ فِيٓ أَيَّامٖ مَّعۡدُودَٰتٖۚ فَمَن تَعَجَّلَ فِي يَوۡمَيۡنِ فَلَآ إِثۡمَ
عَلَيۡهِ وَمَن تَأَخَّرَ فَلَآ إِثۡمَ عَلَيۡهِۖ لِمَنِ ٱتَّقَىٰۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ
أَنَّكُمۡ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ٢٠٣ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُعۡجِبُكَ قَوۡلُهُۥ فِي
ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَيُشۡهِدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا فِي قَلۡبِهِۦ وَهُوَ أَلَدُّ ٱلۡخِصَامِ ٢٠٤
وَإِذَا تَوَلَّىٰ سَعَىٰ فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيُفۡسِدَ فِيهَا وَيُهۡلِكَ ٱلۡحَرۡثَ وَٱلنَّسۡلَۚ
وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلۡفَسَادَ ٢٠٥

**ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ئېلىپ بولىدۇ) [202]. ساناقلىق كۈنلەردە① (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە، ھەر نامازنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىپ) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار. (مىنادىن قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىن) ئىككى كۈن تۇرۇپ ئالدىراپ قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ (ئۈچ كۈن تۇرۇپ) قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ②. بۇ (يۇقىرىقى ئەھكاملار) تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار (ھەجنى تولۇق ئادا قىلماقچى بولغانلار) ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر (ھېساب ئۈچۈن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر [203]. (ئى پەيغەمبەر!) ئىنسانلار ئارىسىدا شۇنداق (يالغانچى مۇناپىق) ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ، ئۇ (ساڭا ۋە مۇئمىنلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەن تۇرۇپ، دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ (ئۇ كۆرۈنۈشتە شېرىن سۆزى ئارقىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ)③ [204]. ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن، زىرائەتلەرنى ۋە ھايۋانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋانلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). ئاللاھ بۇزغۇنچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ [205].**

① «ساناقلىق كۈنلەر» دېگەندە تەشرىق كۈنلىرى، يەنى زۇلھەججىنىڭ 11-، 12-، ۋە 13- كۈنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ كۈنلەردە زىكىر-تەكبىرلەرنى ئۇنۇلۇك ئوقۇش سۈننەتتۇر، پەقەت پەرز نامازلاردىن كېيىنلا ئەمەس بەلكى ھەر ۋاقىت " اللّهُ أَكْبَرُ۞ اللّهُ أَكْبَرُ۞ اللّهُ أَكْبَرُ۞ لاَ إِلَهَ إِلاَّاللهُ۞ وَاللّهُ أَكْبَرُ۞ اللهُ أَكْبَرُ۞ وَللهِ الحَمْدُ" نى ئوقۇپ تۇرۇش لازىم. ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن شەيتانغا تاش ئاتقان ۋاقىتتا ھەربىر تاشنى تەكبىر ئېيتىپ تۇرۇپ ئېتىش سۈننەتتۇر. (نەيلۇلئەۋتار 3-توم، 354-بەت، 4-توم، 361-بەت)

② شەيتانغا تاش ئېتىش بەلگىلەنگەن ئورۇنلاردا ئۈچ كۈن تاش ئېتىش ئەۋزەل، ئەگەر كىمكى ئىككى كۈن (زۇلھەججىنىڭ 11-، 12-كۈنلىرى) تاش ئېتىپ مىنادىن قايتىپ كەتسە، بۇنىڭغىمۇ رۇخسەت بار.

③ بەزى زەئىپ رىۋايەتلەردە بۇ ئايەت ئەخنەس ئىبنى شۈرەيق سەقەفى دېگەن مۇناپىق ھەققىدە چۈشكەن دېيىلىدۇ. لېكىن توغرىسى شۇكى، بۇ ئايەت مەزكۇر ئىللەتلەر تېپىلغان بارلىق مۇتەكەببىرلەر ۋە مۇناپىقلارغا قارىتىلغان.

وَإِذَا قِيلَ لَهُ ٱتَّقِ ٱللَّهَ أَخَذَتْهُ ٱلْعِزَّةُ بِٱلْإِثْمِۚ فَحَسْبُهُۥ جَهَنَّمُۖ وَلَبِئْسَ
ٱلْمِهَادُ ﴿٢٠٦﴾ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشْرِى نَفْسَهُ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ ٱللَّهِۗ
وَٱللَّهُ رَءُوفٌۢ بِٱلْعِبَادِ ﴿٢٠٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱدْخُلُوا۟ فِى ٱلسِّلْمِ
كَآفَّةً وَلَا تَتَّبِعُوا۟ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٢٠٨﴾

*ئۇنىڭغا (ۋەز - نەسىھەت قىلىنىپ يامان سۆز - ھەرىكەتلىرىڭدىن قايتىپ) «ئاللاھتىن قورققىن» دېيىلسە، تەكەببۇرلۇقى تۇتۇپ گۇناھقا پاتىدۇ① (يەنى ھەقتىن تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتىپ، پىتنە - پاساتنا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ). بۇنداق ئادەمگە دوزاخ يېتەرلىكتۇر. دوزاخ بەكمۇ يامان جايدۇر [206]. بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ)②. ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر [207]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام*

***دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار). شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار③. چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر [208].***

① يەنى تەكەببۇرلۇقى ۋە مەغرۇرلۇقى ئۇنى گۇناھقا باشلايدۇ ۋە ئەزۋەيلەشكە ئېلىپ بارىدۇ. ﴿العِزَّة﴾ بۇ يەردە مەغرۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك مەنىسىدە.

② ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەت سۇھەيب ئىبنى سىنان رۇمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدا چۈشكەن. ئۇ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا قۇرەيش كاپىرلىرى: سەن مال-مۈلۈكنى مۇشۇ مەككىدە تاپقان، ئۇنى ئېلىپ كېتىشىڭگە رۇخسەت قىلمايمىز دەپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مال-مۈلكىنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ، دىنىنى ساقلاپ قالغان ھالدا مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ئىككى قېتىم: «سۇھەيبنىڭ تىجارىتى پايدىلىق بولدى» دېگەن. (فەتھۇلقەدىر) ئەمما بۇ ئايەتمۇ ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا بارلىق تەقۋادار مۆئمىنلەر، مال-دۇنيادىن دىنىنى ۋە ئاخىرەتنى ئەۋزەل بىلگەنلەر كىرىدۇ. چۈنكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر مەلۇم بىر ۋەقە ياكى شەخس ھەققىدە نازىل قىلىنغان بولسىمۇ، «ئۇقۇمنىڭ ئومۇمىيلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، چۈشۈش سەۋەبىنىڭ خاسلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ» دېگەن قائىدىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، خاس چۈشۈش سەۋەبى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. (ئالدىنقى شەرھىدە زىكىر قىلىنغان) ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق ئەسكىلەرنىڭ بىر نەمۇنىسى ئىدى، ئۇنى ھەر قانداق يامان سۈپەتلىك ئادەمگە مىسال قىلىشقا بولىدۇ. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئىمانى كۈچلۈك ياخشى مۇسۇلماننىڭ بىر نەمۇنىسىدۇر، ئۇنى شۇنداق سۈپەتكە ئىگە ياخشى كىشىلەرگە مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

③ بۇ يەردىكى خىتاب مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارغا: ئىسلامغا تولۇق كىرىڭلار! سىلەرنىڭ مەنپەئەت ۋە خاھىشلىرىڭلارغا توغرا كەلگەن ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىپ، توغرا كەلمىگەنلىرىنى تەرك

ئەتمەڭلار! شۇنىڭدەك يەنە سىلەر تەرك ئەتكەن كونا دىنىڭ ئادەتلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنماڭلار! بەلكى ئىسلام دىنىنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈڭلار! دېيىلمەكتە. بۇ ھۆكۈم بىلەن دىندا بىدئەت پەيدا قىلىشمۇ چەكلەندى. بۇ ئايەت يەنە ئىسلامنى مۇكەممەل ھايات يولى دەپ قوبۇل قىلمايدىغان، دىنىنى ئىبادەتلەرگە خاس قىلىپ، مەسجىدلەردىلا ئېلىپ بېرىشنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئۇنى سىياسەت ۋە ھاكىمىيەت سەھنىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىشنى خالايدىغان بۈگۈنكى ئاتېزىم ئىدىيىسىدىكىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئايەت يەنە شەرىئەتكە خىلاپ ئۆرپ-ئادەتلەرنى تەرك ئېتىشكە كۆنمەيدىغان، ياتلارنىڭ مەدەنىيىتىنى چوڭ بىلىدىغان، توي-تۆكۈن مۇراسىملىرىدىكى غەيرىي پائالىيەت ۋە ئىسراپچىلىقلارنى قوللايدىغان ئاۋام-خەلققە خىتاب قىلىپ ئېيتىدۇكى، شەيتانلارنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار! ئۇلار سىلەرگە مەزكۇر ئىسلامغا خىلاپ ئىشلارنى شېرىن پەلسەپۋى سۆزلەر بىلەن چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. گۇناھ ئىشلارغا چىرايلىق رەڭ بېرىپ توغرا قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بىدئەتلەرنى ياخشى ئەمەل قاتارىغا كىرگۈزۈپ بايان قىلىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىز ئالدانماڭلار!

فَإِن زَلَلْتُم مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْكُمُ ٱلْبَيِّنَـٰتُ فَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ
عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٠٩﴾ هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن يَأْتِيَهُمُ ٱللَّهُ فِى ظُلَلٍ مِّنَ
ٱلْغَمَامِ وَٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ وَقُضِىَ ٱلْأَمْرُ ۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ﴿٢١٠﴾ سَلْ
بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ كَمْ ءَاتَيْنَـٰهُم مِّنْ ءَايَةٍۭ بَيِّنَةٍ ۗ وَمَن يُبَدِّلْ نِعْمَةَ ٱللَّهِ
مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٢١١﴾ زُيِّنَ لِلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا وَيَسْخَرُونَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟

***سىلەرگە (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، (توغرا يولدىن) تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، (سىلەر جازالىنىسىلەر، چۈنكى) ئاللاھ غالىبتۇر (يەنى سىلەرنى جازالاشتىن ئاجىز ئەمەستۇر)، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [209]. ئۇلار (يەنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلار)***

***پەقەت ئاللاھنىڭ (قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) بۇلۇتلارنىڭ سايىلىرى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە (ھۆكۈم چىقىرىلىپ) ئىشنىڭ پۈتۈشىنىلا كۈتەمدۇ؟① ۋەھالەنكى، ھەممە ئىش ئاللاھقىلا قايتۇرۇلىدۇ [210]. (ئى پەيغەمبەر!) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، بىز ئۇلارغا نەقەدەر كۆپ روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق② . كىمكى ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى (كۇپۇرلۇق قىلىپ) ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن، (بىلسۇنكى)③، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر [211]. كاپىرلارغا دۇنيا ھاياتى چىرايلىق كۆرسىتىلدى (شۇڭا ئۇلار دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە، نېمەتلىرىگە مەپتۇن بولىدۇ)، ۋە مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ④،***

① بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇلار قىيامەتنىڭ بولۇشىنىلا كۈتىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) يەنى ئۇلار قىيامەتنىڭ بولۇشىنىلا كۈتىۋاتامدۇ؟ ياكى ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە سايىۋەن بولغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھۆكۈم چىقارسا، ئاندىن ئۇلار ئىمان ئېيتامدۇ؟ لېكىن ئۇ شەكىلدە ئېيتقان ئىمان قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامغا كىرىشنى كېچىكتۈرمەڭلار، ئىسلامنى تېزرەك قوبۇل قىلىپ، ئاخىرەتلىككىڭلارنى ياخشىلىۋېلىڭلار.

② مەسىلەن: ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ئارقىلىق سېھىرگەرلەرنىڭ سېھرىنى بەربات قىلدى، ھاسا بىلەن دېڭىزنى يېرىپ يول ئاچتى، تاشتىن 12 بۇلاق سۇ چىقاردى، بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردى، تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۇنىنى چۈشۈرۈپ بەردى، ئەنە شۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى بىلدۈرىدىغان روشەن دەلىللەر ئىدى. لېكىن ئۇلار ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرۇپ، ئىماندىن يۈز ئۆرىدى ۋە كۇفرىنى ئىختىيار قىلدى.

③ «كىمكى بۇ نېمەتنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن» يەنى ئىماننىڭ ئورنىغا كۇفرىنى ئىختىيار قىلىپ، ئىماندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئازاب قىلىدۇ.

④ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى كەمبەغەللەردىن بولغاچقا، مەئىشەتلىك تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە ئەمەس ئىدى، شۇڭا كاپىرلار يەنى مەككە

مۇشرىكلىرى ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى. كەمبەغەللەرنى مەسخىرە قىلىش ھەر دەۋردىكى دۆلەتمەنلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ كەلگەن.

وَٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْاْ فَوْقَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِۗ وَٱللَّهُ يَرْزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيْرِ
حِسَابٍ ﴿٢١٢﴾ كَانَ ٱلنَّاسُ أُمَّةً وَٰحِدَةً فَبَعَثَ ٱللَّهُ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مُبَشِّرِينَ
وَمُنذِرِينَ وَأَنزَلَ مَعَهُمُ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ ٱلنَّاسِ
فِيمَا ٱخْتَلَفُواْ فِيهِۚ وَمَا ٱخْتَلَفَ فِيهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ أُوتُوهُ مِنۢ بَعْدِ مَا
جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ بَغْيًۢا بَيْنَهُمْۖ فَهَدَى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَا
ٱخْتَلَفُواْ فِيهِ مِنَ ٱلْحَقِّ بِإِذْنِهِۦۗ وَٱللَّهُ يَهْدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ
مُّسْتَقِيمٍ ﴿٢١٣﴾

***ھالبۇكى، قىيامەت كۈنى تەقۋادارلار ئۇلاردىن (دەرىجە جەھەتتە) ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ① [212]. ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۈممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى② (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى كاپىر بولۇپ ئىختىلاپلاشتى، بۆلۈندى)، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. (ئاللاھ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە ھەق يولنى كۆرسەتكۈچى كىتابنى نازىل قىلدى. پەقەت كىتاب بېرىلگەنلەر (يەھۇدىيلار)لا ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ (يەنى كاپىرلار مۇئمىنلەرگە ھەسەت قىلىپ)، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاندىن ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) بىرلىككە كېلەلمىگەن ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى③. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ [213].***

① بۇ يەردە كاپىرلارنىڭ مۇئمىنلەرنى كەمبەغەللىكى ۋە ساددىلىقى

يۈزىسىدىن مەسخىرە قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، دېيىلىۋاتىدۇكى، قىيامەت كۈنى مۇشۇ كەمبەغەللەر تەقۋادارلىقى بىلەن ئۈستۈن دەرىجىلەرگە نائىل بولىدۇ. «ھېسابسىز رىزىق» دېگەندە ئاخىرەتتىكى باياشات تۇرمۇشتىن باشقا يەنە دۇنيادىكى باياشاتلىقمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەقىقەتەن نەچچە يىللاردىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئەنە شۇ كەمبەغەللەرگە فەتھى-نۇسرەت ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مال-دۇنيالىرى كۆپىيىپ، رىزقى كەڭ بولۇپ كەتتى.

② يەنى ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان تەۋھىد ئۈستىدە ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ نۇھ ئەلەيھىسسالامغىچە (يەنى 10 ئەسىرگىچە) كىشىلەر تەۋھىد ئۈستىدە ئىدى، پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى ئىزچىل تۇردە تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ تۇرغاچقا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي ياشىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە بۇتقا چوقۇنۇش ئەۋج ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئىختىلاپ قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش، تەۋھىدنى بايان قىلىش ۋە ھەقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كىتابلارنى چۈشۈردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ مەسىلەن: ئەھلى كىتاب جۈمە كۈنى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، يەھۇدىيلار شەنبە كۈننى، ناسارالار يەكشەنبە كۈننى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كۈنى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى جۈمە كۈننى مۇقەددەس كۈن قىلىپ تاللاشقا مۇۋەپپەق قىلدى. ئەھلى كىتاب يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. يەھۇدىيلار ئۇنى يالغانچىغا چىقىرىپ، ئانىسىغا (يەنى ھەزرىتى مەريەمگە) بوھتان چاپلىدى. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ناسارالار ئۇنى ئىلاھ ۋە ئاللاھنىڭ بالىسى دەۋالدى. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى توغرا مەۋقە تاللاشقا مۇۋەپپەق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئىتائەتمەن بەندىسى دەپ ئېتىقاد قىلدى. ئەھلى كىتاب ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. يەھۇدىيلار ئۇنى يەھۇدىي ئىدى، دېدى. ناسارالار ئۇنى ناسارا ئىدى، دېدى. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئۇنىڭ توغرىسىنى بىلدۈرۈپ دېدىكى: ﴿ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ

ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋەلېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئاللاھقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى﴾. (سۈرە ئال ئىمران 67-ئايەت) ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ مەسىلىلەردە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا مەرھەمەت قىلىپ، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتتى.

أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ ٱلْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ ٱلَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم ۖ مَّسَّتْهُمُ ٱلْبَأْسَآءُ وَٱلضَّرَّآءُ وَزُلْزِلُواْ حَتَّىٰ يَقُولَ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ مَتَىٰ نَصْرُ ٱللَّهِ ۗ أَلَآ إِنَّ نَصْرَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ ﴿٢١٤﴾ يَسْـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ ۖ قُلْ مَآ أَنفَقْتُم مِّنْ خَيْرٍ فَلِلْوَٰلِدَيْنِ وَٱلْأَقْرَبِينَ وَٱلْيَتَـٰمَىٰ وَٱلْمَسَـٰكِينِ وَٱبْنِ ٱلسَّبِيلِ ۗ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ﴿٢١٥﴾

*(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر (يەنى مۇئمىنلەر) نىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟① ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق ۋە ئاغرىق - سىلاق كەلگەن ۋە شۇنداق ساراسىمىگە چۈشۈرۈلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر② [214]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن قانداق نەرسىنى (كىملەرگە) سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «مال - مۈلۈكۈڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە يول خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ③. سىلەر قانداقلا ياخشىلىقنى نېمىنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ» [215].*

① مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا يەھۇدىيلار، مۇناپىقلار ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن ھەر خىل ئەزىيەتلەر

پەتكەندە، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلغان ئىدى، ئۇلارغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بۇ ئايەت نازىل قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردىن بىرىنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەرىنى قويۇپ تاپىنىغىچە ھەرىدىسىمۇ، ئۇ كىشىنى دىنىدىن قايتۇرالمايتتى. ئۇنىڭ گۆشى بىلەن سۆڭىكىنىڭ ئارىلىقىنى تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تارىسىمۇ، ئۇ كىشىنى دىنىدىن قايتۇرالمايتتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، چوقۇم ئاللاھ ئىسلام دىنىنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. ھەتتا سەنئادىن ھەزرەمەۋتقىچە ئۇلاغلىق ماڭغان كىشىلەر ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. پەقەت قويلىرىنى بۆرە يەپ كېتىشىدىنلا قورقىدۇ. لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر». (سەھىھۇل بۇخارى 6943 ـ ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ئىدى.

② شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەرقانداق كېلىۋاتقان نەرسە يېقىندۇر، مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ مەدەت بېرىدىغانلىقى شەكسىزدۇر، شۇڭا ئۇمۇ يېقىندۇر.

③ بۇ يەردە بىر قىسىم ساھابە كىراملارنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋابەن پۇل ـ مال سەرپ قىلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم ئورۇن ۋە كىشىلەر بايان قىلىنىۋاتىدۇ. يەنى بۇلار سىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشىڭلارغا ھەممىدىن لايىق كىشىلەردۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇلغان بۇ ھۆكۈم پەرز زاكاتقا ئالاقىدار بولماستىن، بەلكى نەپلە سەدىقىگە ئالاقىدار ھۆكۈمدۇر. چۈنكى زاكاتنى ئاتا ـ ئانىغا خەجلەپ بېرىش جايىز بولمايدۇ. تابىئىينلاردىن مەيمۇن ئىبنى مېھران بۇ ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېدى: «پۇل ـ مال سەرپ قىلىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىچىدە دۇمباق ۋە كاناي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى، ياغاچلارغا نەقىش ئويدۇرۇش ۋە تاملارنى يوپۇقلار بىلەن بېزەش قاتارلىقلار يوق (يەنى بۇ ئورۇنلارغا سەرپ قىلغان پۇل سەدىقە ھېسابلانمايدۇ) ». (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇنداق ئىشلارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ئىسراپچىلىقنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەپسۇسكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىسراپچىلىق ۋە ئارتۇقچە خىراجەتلەر تۇرمۇشىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا نەزىرىمىزدە يامان كۆرۈلمەيدىغان ئىشلاردىن بولۇپ كەتتى.

كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ وَهُوَ كُرۡهٞ لَّكُمۡۖ وَعَسَىٰٓ أَن تَكۡرَهُواْ شَيۡـٔٗا
وَهُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ وَعَسَىٰٓ أَن تُحِبُّواْ شَيۡـٔٗا وَهُوَ شَرّٞ لَّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ
وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ٢١٦ يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلشَّهۡرِ ٱلۡحَرَامِ قِتَالٖ فِيهِۖ قُلۡ
قِتَالٞ فِيهِ كَبِيرٞۚ وَصَدٌّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَكُفۡرُۢ بِهِۦ وَٱلۡمَسۡجِدِ
ٱلۡحَرَامِ وَإِخۡرَاجُ أَهۡلِهِۦ مِنۡهُ أَكۡبَرُ عِندَ ٱللَّهِۚ وَٱلۡفِتۡنَةُ أَكۡبَرُ مِنَ
ٱلۡقَتۡلِۗ

*(ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن) سىلەر ياقتۇرمىساڭلارمۇ جىھاد قىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرماي قېلىشىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار)① [216]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن: «ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ (ئەمما كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرەمدىن (يەنى ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرەم ئاھالىسىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. پىتنە (يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش ۋە مۇئمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر».②*

① بۇ يەردە جىھادنىڭ ھۆكمى ۋە ئەھمىيىتى مىسال ئارقىلىق مۇئمىنلەرگە چۈشەندۈرۈلىۋاتىدۇ. مەيلى سىلەرگە ياقسۇن ياكى ياقمىسۇن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، بەلكىم ئۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن پايدا بولۇشى مۇمكىن. جىھادنىڭ نەتىجىسىدە سىلەر دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىسىلەر، فەتھى-نۇسرەت، ئىززەت-ئابرۇي، مال - مۈلۈككە ئېرىشىسىلەر. شۇنىڭدەك يەنە سىلەر بىر (جىھادقا چىقماي ئۆيدە

ئۆلتۈرۈشقا ئوخشاش) ئىشنى ياخشى كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت سىلەر ئۈچۈن خەتەرلىك بولۇشى مۇمكىن. يەنى دۈشمەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردىن غەلىبە قىلىشى ۋە سىلەرنى خارلىقتا ياشاشقا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن.

② رەجەب، زۇلقەئىدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم قاتارلىق تۆت ئاي ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ئۇرۇش قىلىش ھارام ئايلاردىن سانىلاتتى. شۇڭا بۇ ئايلاردا ئۇرۇش-جېدەل قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارىلاتتى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ ئايلارنىڭ ھارامىلىقىنى ساقلاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا رەجەب ئېيىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنى تەرىپىدىن بىر كاپىر ئۆلتۈرۈلدى، بىر قانچە كاپىر ئەسىر ئېلىندى، قوشۇندىكىلەر رەجەب ئېيىنىڭ باشلانغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا تەنە قىلىپ «قاراڭلار، مۇسۇلمانلار ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىدى» دەپ سۆز-چۆچەك تارقاتتى، شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى ۋە دېيىلدىكى، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر، لېكىن ھارام ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى باھانە قىلىپ داۋراڭ سالغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى كۆرۈنمەمدۇ؟ بۇلار ئۆزلىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر گۇناھلارنى ئۆتكۈزدىغۇ، ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ۋە مەسجىدى ھەرەمدە ئىبادەت قىلىشتىن توستى يەنە مەسجىدى ھەرەمدىن مۇسۇلمانلار ئاھالىسىنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. يەنە ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر. ئەمدى مۇسۇلمانلاردىن سەۋەنلىك يۈزىسىدىن ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايدا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش ۋەقەسى سادىر بولغان بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇلار بۇنىڭغا داد-پەرياد كۆتۈرگەنلىكنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىرىگە قاراپ بېقىشى لازىم.

وَلَا يَزَالُونَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ حَتَّىٰ يَرُدُّوكُمۡ عَن دِينِكُمۡ إِنِ ٱسۡتَطَٰعُواْۚ
وَمَن يَرۡتَدِدۡ مِنكُمۡ عَن دِينِهِۦ فَيَمُتۡ وَهُوَ كَافِرٞ فَأُوْلَٰٓئِكَ
حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ
فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢١٧ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي

سَبِيلِ ٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢١٨﴾ ۞
يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡخَمۡرِ وَٱلۡمَيۡسِرِۖ قُلۡ فِيهِمَآ إِثۡمٞ كَبِيرٞ وَمَنَٰفِعُ
لِلنَّاسِ وَإِثۡمُهُمَآ أَكۡبَرُ مِن نَّفۡعِهِمَاۗ وَيَسۡـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَۖ قُلِ
ٱلۡعَفۡوَۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١٩﴾

***ئۇلار (يەنى كاپىرلار) قولىدىن كەلسىلا، سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ①. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن يېنىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ (بارلىق ياخشى) ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر دوزاخ ئەھلىدۇر ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر② [217]. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار ــ ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [218]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ بار③ ۋە كىشىلەرگە ئازغىنە پايدىمۇ بار④، لېكىن بۇ ئىككىسىدىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا بەك چوڭدۇر». ئۇلار يەنە سەندىن قانداق نەرسىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «(ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)»⑤ دېگىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ (ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلەرنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ [219].***

① ئۇلار سىلەرنى دىنىڭلاردىن كۇفرىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئازاب، تەھدىت ۋە دۈشمەنلىشىشتىن ئۆزلىرىنى تارتمايۋاتسا، سىلەر ھارام ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى دەپ، ئۇلارغا قارشى چىقىشتىن توختاپ تۇرامسىلەر؟

② كىمكى ئىسلام دىنىدىن يانسا يەنى مۇرتەد بولسا (ئەگەر تەۋبە قىلمىسا)، ئۇنىڭ دۇنيادىكى جازاسى ئۆلتۈرۈلۈشتۇر. ھەدىستە «كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېيىلگەن. (سەھىھۇل بۇخارى

3017-ھەدىس) بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى بايان قىلىنىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئادەمنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ كەتكەنىدەك، مۇرتەد بولۇپ كۇفرىغا قايتقان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان ھالەتتە قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىكار قىلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ ئىبارىسىدىن ئايان بولىدۇكى، تەۋبە قىلماي كۇفرى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئەمەللىرى بىكار قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلسا، ئۇنداق بولمايدۇ. يەنى مۇرتەدنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ.

③ ھەر ئىككىسى دىنىي جەھەتتىن چوڭ گۇناھتۇر.

④ بۇ يەردىكى پايدا دۇنيادىكى ۋاقىتلىق پايدىغا قارىتىلغان. مەسىلەن: ھاراق بەدەنگە ۋاقىتلىق قۇۋۋەت بولىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ نېرۋىسىنى ئۆتكۈر قىلىدۇ، جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدۇ، دېگەنىدەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئومۇملىشىپ قالغان، ئۇنى ئېلىپ-سېتىشتىن پايدا ئالغىلى بولىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئازغىنە پايدا ئۇنىڭ دىنغا ۋە ئەقىلگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز، ئەرزىمەس بىر پايدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ﴿بۇ ئىككىسىدىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا بەك چوڭدۇر﴾ دېدى. شۇنىڭدەك بۇ ئايەتتە ھاراق ۋە قىمار ھارام قىلىنمىدى. بۇ پەقەت ھارام قىلىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىدى. بۇ ئايەتتىن ناھايىتى مۇھىم بىر ئۇقۇم چىقىدۇ، ئۇ بولسا ھەر قانداق نەرسە ھەر قانچە يامان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاز-تولا پايدىسى بولىدۇ. مەسىلەن: رادىئو، تېلېۋىزۇر ۋە باشقا ئىجادىيەتلەر؛ كىشىلەر ئۇ نەرسىلەرنىڭ بەزى پايدىلىرىنى بايان قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئالدايدۇ. پايدىنىڭ زىيانغا قارىغاندا قانچىلىك بولىدىغانلىقىغا قاراش لازىم. خۇسۇسەن دىن، ئىمان، ئەخلاقىي جەھەتتىكى پايدىسىنى مۆلچەرلەش كېرەك. ئەگەر دىنىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە زىيان كۆپ بولسا، ئازغىنە دۇنيالىق پايدىنى كۆزلەپ ئۇنى جايىز دەپ بەلگىلىمەسلىك لازىم.

⑤ بۇ مەنا ئېتىبارى بىلەن بىر ئەخلاقىي يوليورۇقتۇر ياكى بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، زاكات پەرز بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان، ئەمما ئۇ پەزىلەتلىك ئەمەللەردىندۇر ياكى ئۇنىڭ مەنىسى، قولاي، ئاسان بولغان، ئېغىر كەلمىگەن ئاساستا سەدىقە قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر. (فەتھۇلقەدىر) ئىسلام سەدىقە قىلىشقا ئالاھىدە تەرغىب قىلغان، لېكىن ئوتتۇراھال

بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا بۇيرۇلغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ياكى بالا-چاقىلىرى باشقىلارنىڭ ئالدىغا تىلەمچىلىك قىلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئارتۇقچە خىراجەت قىلىشتىن چەكلەنگەن.

فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ ۗ وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْيَتَـٰمَىٰ ۖ قُلْ إِصْلَاحٌ لَّهُمْ خَيْرٌ ۖ
وَإِن تُخَالِطُوهُمْ فَإِخْوَٰنُكُمْ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ ٱلْمُفْسِدَ مِنَ ٱلْمُصْلِحِ ۚ وَلَوْ
شَآءَ ٱللَّهُ لَأَعْنَتَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٠﴾ وَلَا تَنكِحُوا۟
ٱلْمُشْرِكَـٰتِ حَتَّىٰ يُؤْمِنَّ ۚ وَلَأَمَةٌ مُّؤْمِنَةٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكَةٍ وَلَوْ
أَعْجَبَتْكُمْ ۗ وَلَا تُنكِحُوا۟ ٱلْمُشْرِكِينَ حَتَّىٰ يُؤْمِنُوا۟ ۚ وَلَعَبْدٌ مُّؤْمِنٌ
خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ ۗ أُو۟لَـٰٓئِكَ يَدْعُونَ إِلَى ٱلنَّارِ ۖ وَٱللَّهُ
يَدْعُوٓا۟ إِلَى ٱلْجَنَّةِ وَٱلْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِۦ ۖ وَيُبَيِّنُ ءَايَـٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ
يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٢١﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ①، ئېيتقىنكى، «ئۇلارنى تەربىيەلەپ، پۇل-ماللىرىنى كۆپەيتىپ، ئىشلىرىنى) ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش تولىمۇ ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، (يېيىش-ئىچىش، كەسىپ ۋە تىجارەتتە ئۆزۈڭلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ياشىساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر)، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، (ئارىلىشىپ ياشاشنى چەكلەپ) سىلەرنى چوقۇم جاپاغا سالغان بولاتتى»②. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [220]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار③. (ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن-جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان*

***تەقدىردىمۇ، مۇئمىن دېدەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە (مۇئمىن ئاياللارنى) ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن قۇل، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەرلەر ۋە ئاياللار) سىلەرنى دوزاخقا چاقىرىدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، ئىنسانلار پەند - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ [221].***

① يېتىمنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋالغانلارغا قارىتا قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلىنغان ئايەت چۈشكەندە، ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدا يېتىم باللار بار ساھابە كىراملار قاتتىق قورقۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېتىملەرنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئايرىم قىلدى، ھەتتا ئۇلاردىن ئاشقان يېمەك-ئىچمەكلەرنىمۇ يېمىدى، ھەتتا يېتىملەر يەپ بولالمىغان تائاملار بۇزۇلۇپ قالىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ساھابە-كىراملار مەزكۇر ۋەدە قىلىنغان ئازابقا لايىق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، سىلەرگە يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى تۈزەش ۋە ئۇبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش مەقسىتى بىلەنمۇ، ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى ئۆزۈڭلارنىڭ پۇل-ماللىرىغا ئارىلاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلمايتتى.

③ «مۇشرىك ئاياللار» دېگەن بۇتقا چوقۇنىدىغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلى كىتاب (يەھۇدى ۋە ناسارا) ئاياللارنى ئېلىشىغا رۇخسەت بەرگەن. لېكىن مۇسۇلمان ئايالنىڭ ھېچقانداق بىر ئەھلى كىتاب ئەر بىلەن توي قىلىشىغا رۇخسەت يوقتۇر. ناسارا ئاياللار بىلەن توي قىلىشنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يامان كۆرگەن ئىدى. چۈنكى، (ئۇنىڭ يامان كۆرۈشى) مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ (مۇسۇلمان) ئاياللارنى ئېلىشتىن يۈز ئۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ياكى باشقا بىر تەرەپلىرىنى ئويلىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇ ئايەتتە مۇئمىن ئاياللار بىلەن پەقەت مۇئمىن ئەرلەرنىڭ توي قىلىشى تەكىتلەندى، دىنى-ئېتىقادىغا قارىماستىن پەقەت ھۆسن-جامالىنى دەپلا

تـوي قـلـش ئـۆز ئاخـرتـنـى ۋەيـران قـلغانـلـق بولـدۇ. ھەدىسـتە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «تـوي قـلـشـتـا ئايالـنـڭ بايلـقـى، نەسـەبى، چـرايـى ۋە دىـنـدىـن ئـبـارەت تـۆت خـسـلـتـگە قاربـلـدۇ. دىـنـدار ئايالـنـى تاللـغـن، (ئەگـەر ئۇنـداق قـلمـسـاڭ) زىـيـان تارتـپ قالـسـەن». (سـەھـھۇل بۇخـارى 5090ـ ھەدىـس، سـەھـھ مۇسـلـم 1466ـ ھەدىـس، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «دۇنـيـا ۋاقـتـلـق پايدىـلـنـدىغـان نەرسـىدۇر. دۇنيانـىـڭ ۋاقـتـلـق پايدىـلـنـدىغـان نەرسـلـرىـنـڭ ئـەڭ ياخشـسـى سـالـھ (تەقـۋادار) ئايالدۇر». (سـەھـھ مۇسلـم 1467ـ ھەدىس)

وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡمَحِيضِۖ قُلۡ هُوَ أَذٗى فَٱعۡتَزِلُواْ ٱلنِّسَآءَ فِي
ٱلۡمَحِيضِ وَلَا تَقۡرَبُوهُنَّ حَتَّىٰ يَطۡهُرۡنَۖ فَإِذَا تَطَهَّرۡنَ فَأۡتُوهُنَّ مِنۡ
حَيۡثُ أَمَرَكُمُ ٱللَّهُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلتَّوَّٰبِينَ وَيُحِبُّ ٱلۡمُتَطَهِّرِينَ ٢٢٢
نِسَآؤُكُمۡ حَرۡثٞ لَّكُمۡ فَأۡتُواْ حَرۡثَكُمۡ أَنَّىٰ شِئۡتُمۡۖ وَقَدِّمُواْ
لِأَنفُسِكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّكُم مُّلَٰقُوهُۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٢٢٣

*(ئـى پەيغەمبـەر!) ئـۇلار سـەندىن ھەيـز (مەزگىلـدە جىنسـي ئالاقـە قىلىشـنىڭ دۇرۇسـلۇقى ياكـى دۇرۇس ئەمەسـلىكى) توغرۇلۇق سـورايدۇ. ئېيتقىنكـى، «ئـۇ زىيانلىقتـۇر (يەنـى ھەيـز مەزگىلـدە جىنسـي ئالاقـە قىلـش ئـەر ـ خوتـۇن ھـەر ئىككىسـگە زىيانلىقتـۇر)، شـۇڭا ھەيـز مەزگىلىدىكـى ئاياللاردىـن يـىراق تـۇرۇڭلار①، (ھەيزدىـن) پـاك بولغۇچـە ئۇلارغـا يېقىنچىلـق قىلماڭلار②. پـاك بولغانـدا، ئۇلارغـا ئالـلاھ بۇيرۇغـان جايدىـن يېقىنچىلـق قىلىڭلار.»③ شەكسـىزكى، ئالـلاھ كۆپلـەپ تەۋبـە قىلغۇچىلارنـى دوسـت تۇتـىدۇ. (ھارامدىـن ۋە نىجاسـەتتىن) پاكلانغۇچىلارنـى ياخشـى كۆرىـدۇ [222]. ئاياللىرىـڭلار سـىلەر ئۈچـۈن (خـۇددى) ئېكىنزارلىقتـۇر (يەنـى نەسـل تېرىيدىغـان جايـدۇر). ئېكىنزارلىقىڭلارغـا خالىغـان رەۋىشـتە كېلىڭلار④، ئالـدى بىلـەن ئـۆزۈڭلار ئۈچـۈن (ياخشـى ئەمەللەرنـى) قىلىڭلار، (گۇناھتىـن چەكلىنىـش بىلـەن) ئاللاھتىـن قورقـۇڭلار ۋە بىلىڭلاركـى، سـىلەر ئاللاھقـا مۇلاقـات بولىسـىلەر، (ئـى پەيغەمبـەر!) مۇئمىنلەرگـە (جەننەت*

بىلەن) بېشارەت بەرگىن *[223]*.

① ھەر قانداق بالاغەتكە يەتكەن قىز ۋە ئاياللاردىن قەرەللىك كەلگەن قان ھەيز دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى چاغلاردا ئادەت كۆرمىگەن كۈنلەردە كېسەللىك سەۋەبىدىن كېلىدىغان قان ئىستىھازە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى ھەيزنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. ئاياللار ھەيز كۆرگەن كۈنلەردە ناماز ئەپۇ قىلىنىدۇ، روزا تۇتۇش چەكلىنىدۇ، روزىنىڭ قازاسىنى ساقايغاندىن كېيىن تۇتۇش زۆرۈردۇر. ئەر كىشىنىڭ ھەيزدار ئايالى بىلەن بىر يەردە بولۇشى چەكلىنىدۇ، لېكىن سۆيۈش، قۇچاقلاش جايىزدۇر. لېكىن ئاياللار ھەيز كۈنلىرىدە تاماق ئېتىش، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئىشنى قىلسا بولىۋېرىدۇ. يەھۇدىيلار ئاياللىرى ھەيز كۆرگەن ۋاقىتىدا ئۇلارنى نىجىس دەپ قاراپ، ئۇلار بىلەن (بىر يەردە ئولتۇرۇپ) تاماق يېمەيتتى ۋە ئۆيلىرىدە بىرگە ئولتۇرمايتتى. ساھابىلار (بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) سورىدى. ئاندىن ئاللاھ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى، ئۇنىڭدا پەقەت جىما قىلىشتىن چەكلەندى، نېرى تۇرۇش، بىر يەردە بولماسلىق، يېقىنلاشماسلىق دېگەن جىمادىن ساقلىنىش دېمەكتۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە باشقا تەپسىرلەر)

② ﴿ئۇلار پاك بولغان چاغدا﴾ بۇنىڭ ئىككى مەنىسى بار: بىرىنچىسى، قان توختىغان چاغدا (يەنى غۇسۇل قىلمىسىمۇ پاك بولغان بولىدۇ) ئېرى بىلەن بىر يەردە بولسا جايىز بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ، ئىبنى ھەزم ۋە بەزى ئىماملار بۇ مەنىنى قوللىغان، ئەللامە ئالبانىيمۇ بۇنى كۈچلەندۈرگەن (نىكاھ ئەدەب-قائىدىلىرى 47-بەت). ئىككىنچى مەنىسى، قان توختىغاندىن كېيىن غۇسۇل قىلىش بىلەن پاك بولىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىككىنچى مەنىگە ئاساسەن ھەيزدار ئايال غۇسۇل قىلمىغۇچە ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش ھارام بولىدۇ، ئىمام شەۋكانى بۇ مەنىنى كۈچلۈكرەك دەپ قارىغان. (فەتھۇلقەدىر) ھەدىس ئەھلىنىڭ نەزىرىدە ھەر ئىككىسىگە ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما ئىككىنچىسى ئەۋزەلدۇر.

③ ﴿بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار﴾ يەنى ئىپپەتلىك جايدىن، چۈنكى ھەيزدار ھالەتتە شۇ جايغا يېقىن كېلىشتىن چەكلەنگەن ئىدى، ئەمدى پاك بولغاندىن كېيىن بېرىلگەن رۇخسەتتە باشقا جاي ئەمەس شۇ جاي (شەرمگاھ، ئىپپەتلىك جاي (كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئايال كىشىنىڭ ئارقىسىغا كېلىش يەنى

لىۋاتە قىلىش ھارام دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ نۇقتا ھەدىسلەردە تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

④ يەھۇدىيلار (ئەر كىشى) ئايالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كەلسە، بالا ئالغاي بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلارغا رەددىيە بېرىش يۈزىسىدىن ئايالىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن بولامدۇ ياكى كەينى تەرىپىدىن بولامدۇ، ئالدى تەرىپىنى نىشان قىلىسىلا بولىۋېرىدۇ، دېيىلدى، ئەمما بەزىلەر (خالىغان رەۋىشتە) دېگەنگە كەينى مەقئەتمۇ كىرىدۇ، شۇڭا ئايالىنىڭ كەينىگە كەلسىمۇ يەنى لىۋاتە قىلسىمۇ بولىدۇ دەيدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خاتا كۆز قاراشتۇر. قۇرئاندا كۆزدە تۇتۇلغان ئېكىنزارلىق دېگەن ئۇرۇق سالىدىغان يەردۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ئېكىنزارلىقنى ئىشلىتىش ھەققىدە ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۇچۇن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار﴾ بۇ ئېكىنزارلىق (بالا تۇغۇلىدىغان جاي) كەينى مەقئەت ئەمەس، پەقەت ئېپپەتلىك جايدۇر. ھەر ھالدا ئارقىغا كېلىش ئىنسان تەبىئىتىگە يات غەيرىي نورمال قىلىقتۇر، ئايالىنىڭ ئارقىغا كەلگەن كىشى مەلئۇن ھېسابلىنىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

وَلَا تَجۡعَلُواْ ٱللَّهَ عُرۡضَةٗ لِّأَيۡمَٰنِكُمۡ أَن تَبَرُّواْ وَتَتَّقُواْ وَتُصۡلِحُواْ
بَيۡنَ ٱلنَّاسِۚ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٢٤﴾ لَّا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغۡوِ فِيٓ
أَيۡمَٰنِكُمۡ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا كَسَبَتۡ قُلُوبُكُمۡۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ
حَلِيمٞ ﴿٢٢٥﴾ لِّلَّذِينَ يُؤۡلُونَ مِن نِّسَآئِهِمۡ تَرَبُّصُ أَرۡبَعَةِ أَشۡهُرٖۖ فَإِن
فَآءُو فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢٢٦﴾

***سىلەر ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قىلغان قەسەملىرىڭلارنى ياخشىلىق قىلىشقا، تەقۋادار بولۇشقا، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە توسالغۇ قىلىۋالماڭلار① (يەنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلىۋالماڭلار)، ئاللاھ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [224]. مەقسەتسىز ئېچكەن قەسەملەر ئۈچۈن ئاللاھ***

***سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ②، قەستەن ئىچكەن قەسەملار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر [225]. ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتۈشى كېرەك③. ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىش بىلەن قەسەمدىن) قايتسا، (شۇنى ياخشى بىلسۇنكى) ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ناھايىتى مېھرىباندۇر [226].***

① يەنى ئاچچىقلانغان ھالدا مەن پالانغا ياخشىلىق قىلمايمەن، پالانى بىلەن سۆزلەشمەيمەن، پالانىنىڭ ئارىسىنى تۈزىمەيمەن دەپ قەسەم ئىچمەڭلار! ھەدىسلەردە مۇشۇنداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنلەرگە قارىتا: ئەگەر شۇنداق قەسەم ئىچكەن بولساڭلار، قەسەمڭلارنى بۇزۇپ، كاپارەت بېرىۋېتىڭلار، دەپ كۆرسەتمە بېرىلگەن. (قەسەمنىڭ كاپارىتى سۈرە مائىدە 89-ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ)

② يەنى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان، ئىختىيارسىز سەۋەنلىك بىلەن ئىچكەن قەسەم ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئەمما قەستەن يالغاندىن قەسەم ئىچىش چوڭ گۇناھلار جۈملىسىدىندۇر.

③ «إِيْلَاءٌ»نىڭ مەنىسى قەسەم ئىچمەك. يەنى بىر ئەر بىر مۇددەت (مەسىلەن: بىر ئاي ياكى ئىككى ئاي) ئايالىم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قەسەم ئىچسە، ئاندىن شۇ مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭغا ھېچقانداق كاپارەت كەلمەيدۇ. ئەگەر شۇ مۇددەت توشۇشتىن بۇرۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، قەسەمنىڭ كاپارىتىنى بېرىش لازىم. ئەمما قەسەم قىلغان مۇددەت تۆت ئايدىن ئارتۇق بولسا ياكى مۇددەت بەلگىلىمەي قەسەم قىلغان بولسا، تۆت ئاي مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئايالى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياكى تالاق قىلىشى كېرەك بولىدۇ (چۈنكى، ئايال كىشىنى تۆت ئايدىن ئارتۇق مۇئەللەق قويۇش جايىز ئەمەس، يەنى يا تالىقىنى بەرمەي ياكى نورمال تۇرمۇشنى داۋام قىلماي ئېسىپ قويۇش توغرا ئەمەس). ئەگەر مۇددەت تۆت ئايدىن ئېشىپ كەتسە، قەسەمنىڭ كاپارىتىنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىنىڭ تالىقىنىمۇ بەرمەي ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرىۋالسا، ئايالغا زۇلۇم

بولماسلىقى ئۈچۈن ھاكىم ئەرنى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇرلايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَإِنۡ عَزَمُواْ ٱلطَّلَٰقَ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٢٧﴾ وَٱلۡمُطَلَّقَٰتُ يَتَرَبَّصۡنَ
بِأَنفُسِهِنَّ ثَلَٰثَةَ قُرُوٓءٖۚ وَلَا يَحِلُّ لَهُنَّ أَن يَكۡتُمۡنَ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِيٓ
أَرۡحَامِهِنَّ إِن كُنَّ يُؤۡمِنَّ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ وَبُعُولَتُهُنَّ أَحَقُّ
بِرَدِّهِنَّ فِي ذَٰلِكَ إِنۡ أَرَادُوٓاْ إِصۡلَٰحٗاۚ وَلَهُنَّ مِثۡلُ ٱلَّذِي عَلَيۡهِنَّ
بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ وَلِلرِّجَالِ عَلَيۡهِنَّ دَرَجَةٞۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٨﴾

***ئەگەر ئۇلار (ئاياللىرىنى) تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە①، (شۇنىمۇ ياخشى بىلسۇنكى) ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [227]. تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ②. ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (راستتىنلا) ئىشىنىدىكەن، بالىياتقۇلىرىدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسىنى (يەنى ھامىلىنى ۋە ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس③، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر④. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار⑤ (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. ئاللاھ غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [228].***

① بۇ ئىبارىدىن مەلۇم بولىدىكى، تۆت ئاينىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا ئايالى ئۆزلۈكىدىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ (بەزى ئۆلىمالار شۇنداق قارايدۇ)، توغرىسى شۇكى، ئەرنىڭ تالاق قىلىشى بىلەن ئاندىن تالاق بولىدۇ،

شۇنداق قىلىشقا شەرئىي مەھكىمىمۇ ئەرنى مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ ھۆكۈم تالاق قىلىنغان ئەمما ھامىلدار ئەمەس ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. (چۈنكى ھامىلدار ئاياللىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولىدۇ) بىر يەردە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىنغان ئايالمۇ ئۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ، (چۈنكى، ئۇنىڭ ئىددىتى بولمايدۇ). ھەيزدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايال يەنى ھەيز كۆرۈشتىن توختىغان ئايال (ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر) ۋە تېخى ھەيز كۆرمىگەن قىز بۇ ھۆكۈمگە كىرمەيدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئېرى بىلەن بىر يەردە بولۇپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئاياللار تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ﴿قُرُوءٍ﴾ بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى پاكلىق ياكى ھەيز دېمەكتۇر. يەنى ئۈچ پاكلىق ياكى ئۈچ ھەيزدىن ئىبارەت ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، باشقا ئەرگە تەگسە جايىز بولىدۇ. ئىلگىرى ئۆتكەن ئالىملار ﴿قُرُوءٍ﴾نىڭ ھەر ئىككى مەنىسىنى توغرا دەپ قارىغان، شۇڭا ھەر ئىككى مەنىنى ئېلىشقا بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر) ﴿قُرُوءٍ﴾نىڭ مەنىسىنى ھەيز دەپ ئېلىش ئەڭ توغرىدۇر.

③ يەنى ھەيزنىمۇ، ھامىلىنىمۇ يوشۇرماسلىق كېرەك. ھەيزنى يوشۇرماڭلار، مەسىلەن: يارىشىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ، (ئەگەر ئۇ ئەر يارىشىۋېلىشنى خالىسا) ئۈچ ھەيز كېلىپ بولغان بولسىمۇ، تالاقتىن كېيىن ماڭا بىر ياكى ئىككى ھەيز كەلدى، دېمەڭلار. ئەگەر ئايال ئۆزى يارىشىشنى خالىمىسا، ئەرنىڭ يارىشىۋېلىش ھەققىنىڭ ئىسپاتلانماسلىقىنى مەقسەت قىلىپ، ئۈچ ھەيز كۆرمىگەن بولسىمۇ، مەن ئۈچ ھەيز كۆرۈپ بولدۇم، دېمەڭلار. شۇنىڭدەك يەنە ھامىلىنى (قوساقتىكى بالىنى) يوشۇرماڭلار، بولمىسا باشقا بىرى بىلەن توي قىلغاندا، نەسەپ ئارىلىشىپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ، ئانىمەنى دەسلەپكى ئەرنىڭ، بالا ئىككىنچى ئەرگە مەنسۇپ بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئېغىر گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھ) دۇر.

④ ئەرنىڭ يارىشىۋېلىشتىكى مەقسىتى ئايالغا ئازار بېرىش بولمىسىلا، ئىددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن يارىشىۋېلىشقا تولۇق ھەقلىقتۇر. ئايالنىڭ ۋەلىسىنىڭ بۇ ھەققى ئېتىراپ قىلماي، توسالغۇ پەيدا قىلىشىغا رۇخسەت يوق.

⑤ يەنى ھەر ئىككىسىنىڭ ھوقۇقلىرى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ھەر ئىككىسى ئۇ ھوقۇقلارغا رىئايە قىلىشقا شەرئەن مەجبۇردۇر. ئەلۋەتتە، ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقتۇر. مەسىلەن: ئەرلەر كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە، مىراستىكى نېسىۋىسىنىڭ ئىككى ھەسسە بولۇشىدا، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى باشقۇرۇشىدا، ھامىيلىقىدا، تالاق قىلىش ۋە يارىشىۋېلىش ھوقۇقى قاتارلىقلاردا ئۈستۈندۇر.

ٱلطَّلَٰقُ مَرَّتَانِۖ فَإِمۡسَاكُۢ بِمَعۡرُوفٍ أَوۡ تَسۡرِيحُۢ بِإِحۡسَٰنٖۗ وَلَا يَحِلُّ لَكُمۡ أَن تَأۡخُذُواْ مِمَّآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ شَيۡـًٔا إِلَّآ أَن يَخَافَآ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِۖ فَإِنۡ خِفۡتُمۡ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَا فِيمَا ٱفۡتَدَتۡ بِهِۦۗ تِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَعۡتَدُوهَاۚ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ ٱللَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ٢٢٩

***(يارىشىۋېلىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر① ، ئۇنىڭدىن كېيىن (ئايالنى) ياخشىلىق بىلەن تۇتۇش② ، ياكى چىرايلىقچە (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم③ ، ئاللاھنىڭ (ئەر-ئاياللار ھەققىدىكى) بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك) خەۋپى بولمىسىلا، ئۆزۈڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن پۇل-مېلىڭلاردىن بىرەر نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش سىلەرگە ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ ئاللاھنىڭ (ئەر-ئاياللار ھەققىدىكى) بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى بولسا، ئايال ئاجرىشىش ئۈچۈن (ئېرىگە) بىر نەرسە بەرسە④ ھەر ئىككىسىگە (يەنى ئەر-ئايالغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر [229].***

① يەنى ئەرنىڭ (ئايالىنىڭ ئىددىتى ئىچىدە) يارىشىۋېلىش ھوقۇقى بار بولغان تالاق ئىككى قېتىمدۇر. ئەر بىرىنچى قېتىمقى تالاقتىن كېيىن ۋە ئىككىنچى قېتىمقى تالاقتىن كېيىنمۇ يارىشىۋالسا بولىدۇ، ئەمما ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلغاندىن كېيىن يارىشىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە تالاق قىلىش ۋە يارىشىۋېلىشنىڭ سانى، چېكى يوق ئىدى، ئۇنىڭدا ئاياللارغا بەك زۇلۇم بولاتتى، ئەر ئايالىنى قايتا-قايتا تالاق قىلىپ، يەنە يېنىۋالاتتى، شۇ تەرىقىدە يا ئۇنى تالاق قىلىپ قويمايتتى يا ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە ئۆي تۇتمايتتى، ئاللاھ تائالا بۇ ھۆكۈم ئارقىلىق مەزكۇر زۇلۇمنىڭ يولىنى ئەتتى، بىرىنچى قېتىم ياكى ئىككىنچى قېتىم ئويلىنىپ بېقىش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قىلمىدى، ئەگەر ئۇنداق قىلماي، بىرىنچى قېتىملىق تالاقتىن كېيىنلا مەڭگۈلۈك ئايرىلىشقا ھۆكۈم قىلغان بولسا ئىدى، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر پەيدا بولغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاللاھ تائالا «طلقتان» «ئىككى تالاق» دېمىدى بەلكى ﴿اَلطَّلَاقُ مَرَّتٰنِ﴾ «تالاق ئىككى قېتىمدۇر» دېدى ۋە بۇ ئارقىلىق بىر ۋاقىتتا ئىككى ياكى ئۈچ تالاق قىلىش ۋە ئۇ ئىككىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىجرا قىلىش ئىلاھىي ھېكمەتكە خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئىلاھىي ھېكمەت بىرىنچى قېتىم تالاق قىلغاندىن كېيىن (مەيلى ئۇ بىر ياكى بىر نەچچە تالاق بولسۇن) شۇنىڭدەك يەنە ئىككىنچى قېتىم تالاق قىلغاندىن كېيىن (مەيلى ئۇ بىر ياكى بىر نەچچە تالاق بولسۇن) ئىنسانغا ئويلىنىشقا، ئالدىراقسانلىق بىلەن ياكى ئاچچىقىدا سادىر قىلغان خاتالىقنى تۈزىتىۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا بىر ئورۇندا قىلىنغان ئۈچ تالاقنى قايتىشقا بولىدىغان بىر تالاق دەپ ھۆكۈم قىلىشتىكى ھېكمەت ئايان بولىدۇ. (تەپسىلىي مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن دارۇسسالام نەشرىياتى نەشر قىلغان «بىر ئورۇندا ئۈچ قېتىم تالاق قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەرئىي چارىسى»، «ئۇممەتنىڭ ئىختىلاپى ۋە توغرا يول» دېگەن ئەسەرلەرگە قارالسۇن) مەلۇم بولسۇنكى، نۇرغۇن ئۆلىمالار، بىر ئورۇندا قىلىنغان ئۈچ تالاق ئۈچ قېتىم تالاق قىلغانغا ھېساب بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بېرىدۇ.

② يەنى يارىشىۋېلىپ چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش لازىم.

③ ياكى ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلىپ، چىرايلىقچە قويۇۋېتىش لازىم.

④ بۇ ئايەتتە ئايالنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى بايان قىلىندى. يەنى ئايال ئېرىدىن ئاجراشماقچى بولسا، ئېرى مەھرى ئۈچۈن بەرگەن مال-مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ئەھۋالدا ئەر مەھرىنى قايتۇرۇپ ئالسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىنى قوبۇل قىلمىسا، مەھكىمە ئەرگە ئايالنى تالاق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا، مەھكىمە نىكاھنى بىكار قىلىدۇ. دېمەك ئاجرىشىش ئەر تەرەپتىن تالاق قىلىش بىلەنمۇ يەنە مەھكىمە تەرەپتىن نىكاھنى بىكار قىلىش بىلەنمۇ بولىدۇ. ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا ئايال بىر ھەيز ئۆتكىچە ئىددەت تۇتىدۇ. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2228، 2229-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 1185-ھەدىس، سۈنەنى نەسائى 3492-ھەدىس، ئەلمۇستەدرەك لىلھاكىم 2825-ھەدىسلەرگە قارالسۇن) شەرىئەت ئايالغا ئېرىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەقىلگە مۇۋاپىق سەۋەپ كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئېرىدىن تالىقىنى تەلەپ قىلماسلىقنىمۇ قاتتىق تەكىتلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «قايسىبىر ئايال ئېرىدىن سەۋەبسىز تالىقىنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ئايالغا جەننەتنىڭ پۇرىقى ھارامدۇر.» (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2226-ھەدىس، ئەلبانى سەھىھ دەپ قارىغان)

فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا تَحِلُّ لَهُۥ مِنۢ بَعۡدُ حَتَّىٰ تَنكِحَ زَوۡجًا غَيۡرَهُۥۗ فَإِن طَلَّقَهَا فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَآ أَن يَتَرَاجَعَآ إِن ظَنَّآ أَن يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِۗ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِ يُبَيِّنُهَا لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ﴿٢٣٠﴾

***ئەگەر ئەر ئايالنى (ئۈچىنچى قېتىم) يەنە تالاق قىلسا، ئۇ ئايال باشقا ئەرگە تەگمىگۈچە ئۇنىڭغا ھالال بولمايدۇ. ئەگەر (كېيىنكى ئەرمۇ) ئۇنى تالاق قىلسا، (ئايالنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئېرى بىلەن ئىككىسى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە***

***قىلالايدىغانلىقىغا (يەنى قايتا ياراشقاندىن كېيىن ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىغا) ئىشەنگەن تەقدىردە، قايتىدىن يارىشىۋالسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ①. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، ئاللاھ ئۇنى بىلىدىغان (يەنى ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىگە پەمى يېتىدىغان) قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ [230].***

① بۇ يەردىكى تالاق ئۈچىنچى قېتىملىق تالاقنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلغاندىن كېيىن ئەر يېنىۋالالمايدۇ ھەم نىكاھ قىلىۋالالمايدۇ. ئەمما بۇ ئايال باشقا بىر ئەر بىلەن توي قىلسا، ئىككىنچى ئېرى ئۇنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تالاق قىلسا ياكى ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئاندىن ئاۋۋالقى ئېرى بىلەن توي قىلسا جايىز بولىدۇ. لېكىن بەزى جاھىل ئادەملەر قىلغاندەك ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان ئايالغا يول چىقىرىپ بېرىش مەقسىتىدە، ئۇنى بىر ئەر ۋاقىتلىق نىكاھىغا ئېلىپ، تالاق قىلىپ بېرىش لەنىتى بىر ئىشتۇر. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھالال قىلىپ بەرگۈچى ۋە قىلدۇرغۇچىغا لەنەت قىلغان» (سۈنەنى تىرمىزى 1119-ھەدىس، سۈنەنى نەسائى 3445-ھەدىس) ئايالنى بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال قىلىپ بېرىش ئۈچۈن قىلىنغان نىكاھ نىكاھ ئەمەس، بەلكى زىناخورلۇق بولىدۇ، بۇنداق نىكاھ قىلغان ئايال بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ. ھەدىستە ھالال قىلىپ بەرگۈچىگە لەنەت قىلىنغان تۇرسىمۇ، بەزىلەر بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ھالال قىلىپ بېرىشنى جايىز، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق دەلىل كەلتۈرۈشكە پېتىنغانلىقى قۇرئان كەرىمنى مەنىۋى جەھەتتىن بۇرمىلىغانلىقتۇر. ئاللاھتىن پاناھ تىلەيمىز.

وَإِذَا طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ
سَرِّحُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍۚ وَلَا تُمْسِكُوهُنَّ ضِرَارًا لِّتَعْتَدُواْۚ وَمَن يَفْعَلْ
ذَٰلِكَ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُۥۚ وَلَا تَتَّخِذُوٓاْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ هُزُوًاۚ وَٱذْكُرُواْ
نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمَآ أَنزَلَ عَلَيْكُم مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ وَٱلْحِكْمَةِ
يَعِظُكُم بِهِۦۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ٢٣١

وَإِذَا طَلَّقْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا تَعْضُلُوهُنَّ أَن يَنكِحْنَ أَزْوَٰجَهُنَّ إِذَا تَرَٰضَوْاْ بَيْنَهُم بِٱلْمَعْرُوفِۗ ذَٰلِكَ يُوعَظُ بِهِۦ مَن كَانَ مِنكُمْ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِۗ ذَٰلِكُمْ أَزْكَىٰ لَكُمْ وَأَطْهَرُۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٢٣٢﴾

***سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، (ئۇلار بىلەن يارىشىپ) ئۇلارنى چىرايلىقچە نىكاھىڭلاردا تۇتۇڭلار ياكى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار①. زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ زۇلۇم قىلىش نىيىتىدە خوتۇنى بىلەن يارىشىدىكەن)، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۆلكە چاقچاق قىلىۋالماڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى خىلاپلىق قىلىش يولى بىلەن مەسخىرە قىلماڭلار)②، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابىنى، ھېكمەتنى (يەنى كىتابىتىكى ئەھكاملارنى) ياد ئېتىڭلار (يەنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار)، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [231]. ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (ئۆز) ئەرلىرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار③. بۇنىڭ بىلەن ئاراڭلاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ (يەنى ۋەز - نەسىھەت ئېلىش، ئاللاھنىڭ ئەمرىلىرىنى تۇتۇش) سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاك ئىشتۇر، (شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن سىلەرگە نېمىلەر ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر [232].***

① «(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر» دېگەن ئايەتتە ئىككى قېتىم تالاق قىلغانغا قەدەر ئەرنىڭ يارىشىش ئىختىيارى

بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. بۇ ئايەتتە يارىششنىڭ پەقەت ئىددەت ئىچىدىلا بولىدىغانلىقى، ئىددەت توشقاندىن كېيىن بولمايدىغانلىقى بايان قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نۇقتا تەكرارلانغان ھېسابلانمايدۇ.

② بەزى كىشىلەر: ئايالىنى تالاق قىلىپ بولۇپ ياكى قۇل ئازاد قىلىۋېتىپ ۋەياكى خوتۇن ئېلىپ بولۇپ، ئوينىشىپ قىلغان ئىدىم، چاقچاق قىلىپ دەپ قويغان ئىدىم، دەيدۇ. بۇ قىلمىشنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىق دەپ بايان قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەھكاملارنى ئويۇن-كۈلكە ۋە مەسخىرە قىلىشتىن چەكلەش ۋە ياندۇرۇشتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئىشلارنىڭ بىرەرسى چاقچاق قىلىپ دېيىلگەن بولسىمۇ، راستقا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «كىمكى چاقچاق قىلىپ تالاق قىلسا ياكى نىكاھ قىلسا ياكى قۇل ئازات قىلسا، راست بولۇپ كېتىدۇ» دېدى. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 2194-ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 1184-ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە 2039-ھەدىس)

③ بۇ ئايەتتە تالاق قىلىنغان ئايال ھەققىدە ئۈچىنچى بىر ھۆكۈم چىقىرىلىۋاتىدۇ. ھۆكۈم شۇكى، ئايالنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن (بىرىنچى ياكى ئىككىنچى تالاقتىن كېيىن) ئەگەر بۇرۇنقى يولدىشى بىلەن كېلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن قايتا نىكاھلانماقچى بولسا، ئۇنى توسماڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن: بىر كىشى ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىپ ئىددىتى تۈگىگىچە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىمىغان. كېيىن ئۇلار ئۆزئارا يارىشىپ قالماقچى بولغاندا، ئۇ ئايالنىڭ قېرىندىشى ئۇنىڭغا يول قويمىغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان. (سەھىھۇل بۇخارى 5130-ھەدىسكە قارالسۇن) بۇ ئايەتتىن ئىككى مەسىلە ئايان بولىدى: بىرىنچى، ئايال كىشى ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بېرەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ نىكاھلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ۋەلىينىڭ رۇخسىتى ۋە رازىلىقى بولۇش لازىم. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ۋەلىينى ئۆز ھوقۇقىنى سۇيئىستېمال قىلىشتىن چەكلىدى. بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ۋەلىينىڭ رۇخستى بولماي تۇرۇپ قىلىنغان نىكاھ نىكاھ بولمايدۇ». (مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 413-بەت، سۇنەنى ئەبى داۋۇد 2085-ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 1101-ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە 1881-ھەدىس، ئىرۋائۇلغەلىل 6-توم

235-بەت، ئالبانى سەھىھ دەپ قارىغان) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەرقانداق بىر ئايال ئىگە بولغۇچى ۋەلىيسىنىڭ ئىزنىسىز توي قىلىۋالسا، ئۇنىڭ نىكاھى باتىل، ئۇنىڭ نىكاھى باتىل، ئۇنىڭ نىكاھى باتىل (يەنى ئىناۋەتسىز)». (مۇسنەدى ئەھمەد 6-توم، 165، 166-بەت، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2083-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 1102-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 1879-ھەدىس، ئىرۋائۇلغەلىل 6-توم 243-بەت، ئالبانىمۇ سەھىھ دەپ قارىغان) بۇ ھەدىسلەرنى ئەللامە ئەنۋەر شاھ كەشمىرىيمۇ باشقا ھەدىسشۇناسلارغا ئوخشاش، سەھىھ ۋە ئەھسەن دەرىجىدىكى ھەدىسلەر جۈملىسىدىن دەپ قوبۇل قىلغان. (فەيدۇلبارى 4-توم كىتابى نىكاھ) بۇ ئايەتتىن ئايان بولغان ئىككىنچى مەسىلە شۇكى، ۋەلىيلەرنىڭمۇ ئايالنى مەجبۇرلاش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئايالنىڭ رازىلىقىنىمۇ نەزەردە تۇتۇشى لازىم. ئەگەر ۋەلىي ئايالنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن مەجبۇرىي ياتلىق قىلسا، شەرىئەت ئايال كىشىگە مەھكىمە ئارقىلىق بۇ نىكاھنى بىكار قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھ ئىشىدە ھەر ئىككىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش زۆرۈر. ئىككىسىدىن بىرەرسى نارازىلىق بىلدۈرسە بولمايدۇ، ئەگەر ئايال ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ۋەلىينىڭ رۇخسىتىنى ئالماي نىكاھلىنىۋالسا، ئۇنداق نىكاھمۇ توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ۋەلىي قىزنى مەجبۇرلىسا ۋە قىزنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مەھكىمە ئۇنىڭ ۋەلىيلىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلىپ، قىزنىڭ يىراق بىر تۇغقىنىنى ۋەلىي قىلىپ ياكى مەھكىمە ئۆزى ۋەلىينىڭ ئورنىدا قىزنىڭ نىكاھ پەرزىنى ئادا قىلىدۇ. «ئەگەر ۋەلىيلەر ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، سۇلتان ۋەلىيسى يوقنىڭ ۋەلىسىدۇر». (ئىرۋائۇلغەلىل 6-توم، 243-بەت)

۞ وَٱلۡوَٰلِدَٰتُ يُرۡضِعۡنَ أَوۡلَٰدَهُنَّ حَوۡلَيۡنِ كَامِلَيۡنِۖ لِمَنۡ أَرَادَ أَن يُتِمَّ ٱلرَّضَاعَةَۚ وَعَلَى ٱلۡمَوۡلُودِ لَهُۥ رِزۡقُهُنَّ وَكِسۡوَتُهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ لَا تُكَلَّفُ نَفۡسٌ إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَا تُضَآرَّ وَٰلِدَةُۢ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوۡلُودٞ لَّهُۥ بِوَلَدِهِۦۚ وَعَلَى ٱلۡوَارِثِ مِثۡلُ ذَٰلِكَۗ فَإِنۡ أَرَادَا فِصَالًا عَن تَرَاضٖ

مِّنۡهُمَا وَتَشَاوُرٖ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَاۗ وَإِنۡ أَرَدتُّمۡ أَن تَسۡتَرۡضِعُوٓاْ
أَوۡلَٰدَكُمۡ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِذَا سَلَّمۡتُم مَّآ ءَاتَيۡتُم بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ
وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿٢٣٣﴾

*ئانىلار باللىرىنى ئىككى يىل تولۇق ئېمىتسۇن، (بۇ ھۆكۈم) تولۇق ئېمىتىشنى خالىغان كىشى ئۈچۈندۇر①. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك②، كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇلىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم③. (ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋالدا) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۈز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك④. ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) سۈتتىن ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر باللىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلەرلا، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ⑤. ئاللاھتىن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [233].*

① بۇ ئايەتتە ئېمىتىش مەسىلىسى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئايەتتىكى بىرىنچى ئۇقۇم شۇكى، ئېمىتىش مۇددىتىدە تولۇق ئېمىتمەكچى بولغان ئايال تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. بۇ ئىباردىن ئۇنىڭدىن كەمرەك ئېمىتىسىمۇ جايىز بولىدىغانلىقى چىقىدۇ. ئىككىنچى ئۇقۇمدىن مەلۇم بولىدىكى، ئېمىتىش مۇددىتى ئەڭ كۆپ دېگەندە ئىككى يىلدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام تىرمىزى، ئۇممە سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى ئىككى يىل ئىچىدە ئەمچەكتىكى تومۇرلاردىن ئېتىلىپ چىققان سۈتتىن ئەمگەنلەر ئېمىلداش بولىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى ھارام بولىدۇ) ». (سۇنەنى تىرمىزى

1152-ھەدىس ) دېمەك مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە ھەر قانداق بىر بوۋاق بىر ئايالنى ئەمسە، بوۋاق بىلەن ئۇ ئايال ئوتتۇرىسىدا ئىنىكئانىلىق مۇناسىۋەت پەيدا بولىدۇ، ئۇ ئايال ئېمىتكەن بوۋاقلار ئۆزئارا ئېمىلداش قېرىنداشلار بولىدۇ، ئېمىلداشلار ئارىسىدا خۇددى بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداشلاردەك بىر-بىرى بىلەن نىكاھلىنىش ھارام بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نەسەب جەھەتتىكى قىز-ئوغۇل قېرىنداشلار ئارا نىكاھلىنىش ھارام بولغاندەك ئېمىلداشلىق جەھەتتىمۇ نىكاھلىنىش ھارام بولىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 2645-ھەدىس)

② ﴿مَوْلُودِ لَهُ﴾دا ئاتا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئايال تالاق قىلىنغاندىن كېيىن ئارىلىقتىكى بوۋاق ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن، شۇ سەۋەبتىن شەرىئەتتىن چەتنەپ كەتكەن ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ئەگەر ئەر قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ نەپىقىسىنى مۇشۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگىنى بويىچە ئۈستىگە ئالسا، بۇ مەسىلە ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

③ ﴿ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزۇش﴾ دېگەن ئانا بالىسىنى ئۆزىنىڭ يېنىدا بېقىشنى تەلەپ قىلسا، ئانىلىق مېھىر-شەپقەتنى نەزەردە تۇتماستىن، بالىنى ئۇنىڭدىن مەجبۇرىي ئېلىۋېلىش ياكى نەپىقىسىز ئېمىتىپ بېرىشكە مەجبۇرلاشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ئاتىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزۇش﴾ دېگەن ئانا بالىنى ئېمىتىپ بېرىشكە ئۇنىماي تۇرۇۋېلىش ياكى ئېمىتىپ بەرگەنگە ھەددىدىن زىيادە پۇل-مال تەلەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

④ بالىنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئاتىنىڭ ۋارىسلىرى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئانىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالماسلىقى ھەمدە بالىنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش ئىشلىرىنىڭ دەخلى-تەرۇز ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئانىنىڭ ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى لازىم.

⑤ يەنى بالىنى ئانىسىدىن باشقا بىر ئايالغا ئەمدۈرسە جايىزدۇر. شەرتى شۇكى، ئەمدۈرگەن ئايالنىڭ ھەققىنى قائىدە بويىچە تولۇق بېرىش لازىم.

وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوۡنَ مِنكُمۡ وَيَذَرُونَ أَزۡوَٰجٗا يَتَرَبَّصۡنَ بِأَنفُسِهِنَّ
أَرۡبَعَةَ أَشۡهُرٖ وَعَشۡرٗاۖ فَإِذَا بَلَغۡنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ
فِيمَا فَعَلۡنَ فِيٓ أَنفُسِهِنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ٢٣٤
وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِيمَا عَرَّضۡتُم بِهِۦ مِنۡ خِطۡبَةِ ٱلنِّسَآءِ أَوۡ
أَكۡنَنتُمۡ فِيٓ أَنفُسِكُمۡۚ عَلِمَ ٱللَّهُ أَنَّكُمۡ سَتَذۡكُرُونَهُنَّ وَلَٰكِن لَّا
تُوَاعِدُوهُنَّ سِرًّا إِلَّآ أَن تَقُولُواْ قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗاۚ وَلَا تَعۡزِمُواْ عُقۡدَةَ
ٱلنِّكَاحِ حَتَّىٰ يَبۡلُغَ ٱلۡكِتَٰبُ أَجَلَهُۥۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِيٓ
أَنفُسِكُمۡ فَٱحۡذَرُوهُۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٞ ٢٣٥

***ئاراڭلاردىن ئىبرى ۋاپات بولۇپ كېتىپ تۇل قالغان ئاياللار بولسا، ئۇلار تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم① . ئۇلار ئىددەتنى توشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارنىڭ ئىگە - چاقىلىرىغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ② . ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [234]. (ئى ئەرلەر! ئىددەتنى توشمىغان) ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى پۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئىبغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار ئاللاھقا مەلۇمدۇر. لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار③ ، پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ④ . ئىددەتنى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر [235].***

① بۇ ئەرلىرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئاياللارنىڭ ئىددىتى بولۇپ، مەيلى ئۇلار ئەرلىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ياكى

ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، ياش بولسۇن ياكى قېرى بولسۇن، ئۇلار تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىمدۇر. ئەمما ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئېغىر ئاياق ئايال بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىددىتى بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ. ﴿ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾. (سۈرە تالاق 4-ئايەت) ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايالغا زىبۇزىننەتلىرىنى تاقاپ، ياسىنىشقا (ھەتتا سۈرمە تارتىشقا)، يەنە ئەرنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەمما قايتا يارىشۋېلىشقا بولىدىغان تالاقنىڭ ئىددىتىدە ياسىنىش چەكلەنمەيدۇ. قايتا يارىشۋېلىشقا بولمايدىغان تالاقنىڭ ئىددىتىدە ياسىنىش ھەققىدە ئىختىلاپ بار. بەزى ئۆلىمالار جايىز دەپ قارىسا، بەزىلىرى چەكلەشنى توغرا دەپ قارايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى ئىددىتى توشقان ئاياللار ياسانسا، ۋەلىيلىرىنىڭ رۇخسىتى ۋە مەسلىھەتى بىلەن باشقا بىرىگە ياتلىق بولۇش تەييارلىقىنى قىلسا، بۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك سىلەرگە (ئايالنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغۇچى ۋەلىيلەرگە) ھەم ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىككىنچى بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشىنى يامان كۆرمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا توسالغۇ بولماسلىق كېرەك.

③ بۇنىڭدا ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنىپ بولغان يەنى قايتا يارىشۋېلىشقا بولمايدىغان تالاق قىلىنغان ئاياللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەرلەر ئۇ ئاياللارغا ئىددەتنىڭ ئىچىدىكى چاغدا نىكاھلىنىشنى پۇرتىپ قويسا بولىدۇ (مەسىلەن: مەن ئۆيلەنمەكچى ئىدىم ياكى مۇنداق سۈپەتلىك سالىھ ئايالنى ئىزلەپ يۈرىمەن، دېگەندەك)، لېكىن ئالىدىغانلىقىنى ئاشكارا دېسە بولمايدۇ. ﴿لېكىن ئۇلار بىلەن مەخپىي ۋەدىلىشىپ قويماڭلار﴾ ۋە ئىددىتى تۈگەپ بولغۇچە نىكاھ قىلماڭلار. ئەمما بىر تالاق ياكى ئىككى تالاق قىلىنغان ئايالغا ئىددەت تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە، ئېرىدىن باشقا بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇنى ئالماقچى بولغانلىقىنى ئۇچۇق دېيىشى ياكى پۇرتىپ قويۇشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئايال ئىددەتتىن چىقىپ بولغۇچە ئېرىنىڭ قايتۇۋېلىش ھەققى دائىرىسىدە بولىدۇ. ئېرى ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئىلاۋە: بەزىدە بىلمىسىز كىشىلەر ئىددىتى توشمىغان ئايالنى نىكاھىغا

ئېلىنغانلىدۇ، ئۇلارغا قارىتا مۇنداق ھۆكۈم بار، ئەگەر ئۇلار تېخى بىر يەردە بولمىغان بولسا، دەرھال ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش كېرەك، ئەگەر بىر يەردە بولۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش زۆرۈر. ئەمما (ئىددەت توشقاندىن كېيىن) ئۇلارغا نىكاھ چۈشەمدۇ ياكى چۈشەمدۇ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ باردۇر، بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە ئۇلار بىر-بىرىگە مەڭگۈلۈك ھارام بولىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىز نىكاھ چۈشمەيدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى جايىز دەپ قارايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ بۇنىڭدىمۇ ئىلگىرىكى ھۆكۈمگە ئوخشاش دارىتىملاپ پۈرىتىپ قويۇش كۆزدە تۇتۇلغان. مەسىلەن: مەن سىز بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالايمەن ياكى ئۇ ئايالغا ئىگدارچىلىق قىلىدىغان كىشىگە: ئۇنى ياتلىق قىلماقچى بولسىڭىز، ماڭا چوقۇم خەۋەر بېرىڭ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىش. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

لَّا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِن طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ مَا لَمۡ تَمَسُّوهُنَّ أَوۡ تَفۡرِضُواْ لَهُنَّ فَرِيضَةٗۚ وَمَتِّعُوهُنَّ عَلَى ٱلۡمُوسِعِ قَدَرُهُۥ وَعَلَى ٱلۡمُقۡتِرِ قَدَرُهُۥ مَتَٰعَۢا بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٢٣٦

***سىلەر مەھرىنى بېكىتمەستىن ئالغان ئاياللىرىڭلارنى ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تالاق قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (لېكىن) ئۇلارنى (بەلگىلىك مىقداردا) پۇل - مالدىن بەھرىمەن قىلىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن. (بۇ) ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر① [236].***

① بۇ نىكاھ قىلىدىغان چاغدا تويلۇقى بەلگىلەنمىگەن، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنغان ئايال ھەققىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، ئۇنى تالاق قىلغاندا ئۇنىڭغا بەلگىلىك مىقداردا بىر نەرسە (سوۋغا) بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇڭلار، دېيىلمەكتە. بۇ تالاق سوۋغىسىنى ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە يارىشا باي بولسا

بايلىقىغا، نامرات بولسا نامراتلىقىغا يارىشا بېرىشى لازىمدۇر. بۇ ياخشىلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن زۆرۈردۇر. بۇ بېرىلىدىغان تالاق سوۋغىسىنىڭ مىقدارى توغرىسىدا بەزى ئۆلىمالار بىر خىزمەتچى بەرسە بولىدۇ، دېسە، يەنە بەزىلەر 500 دەرھەم بەرسە بولىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر بىر نەچچە قۇر كىيىم بەرسە بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ مىقدارى شەرىئەت تەرەپتىن بەلگىلەنمىگەن، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا بېرىشتە ئىختىيارلىق بولۇپ، بېرىشى شەرتتۇر. ھەر قانداق تالاق قىلىنغان ئايالغا نەرسە بېرىش لازىممۇ ياكى پەقەت ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئايالغىلا بېرىش لازىممۇ؟ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ مەۋجۇت. قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ باشقا ئايەتلىرىدىن مەلۇمكى، بۇ ھۆكۈم ھەر قانداق بىر تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. بۇ تالاق سوۋغىسى بېرىشتىكى ھېكمەت ۋە پايدىنى چۈشەندۇرۇش كەتمەيدۇ. تالاققا سەۋەب بولغان جېدەل، رەنجىش ۋە ئىختىلاپلاردىن كېيىن ئايالغا ياخشىلىق قىلىش، ئاۋۇندۇرۇش، تەسەللىي بېرىش كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئاداۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم ۋاستە بولىدۇ. لېكىن جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەر تالاق قىلىنغان ئايالغا ياخشىلىق قىلىش ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئوسال بىر خىل تەرىقىدە يولغا سېلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئائىلە ئارىسىدىكى ئالاقە مەڭگۈلۈك ئۈزۈلىدۇ. (ئاللاھ ھىدايەت قىلسۇن)

وَإِن طَلَّقۡتُمُوهُنَّ مِن قَبۡلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ وَقَدۡ فَرَضۡتُمۡ لَهُنَّ فَرِيضَةٗ فَنِصۡفُ مَا فَرَضۡتُمۡ إِلَّآ أَن يَعۡفُونَ أَوۡ يَعۡفُوَاْ ٱلَّذِي بِيَدِهِۦ عُقۡدَةُ ٱلنِّكَاحِۚ وَأَن تَعۡفُوٓاْ أَقۡرَبُ لِلتَّقۡوَىٰۚ وَلَا تَنسَوُاْ ٱلۡفَضۡلَ بَيۡنَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٣٧﴾ حَٰفِظُواْ عَلَى ٱلصَّلَوَٰتِ وَٱلصَّلَوٰةِ ٱلۡوُسۡطَىٰ وَقُومُواْ لِلَّهِ قَٰنِتِينَ ﴿٢٣٨﴾

*ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا بېرىڭلار. ئەمما ئاياللار ئۆزىگە*

***تېگىشلىكنى ئېرىگە ئۆتۈنسە① (يەنى مەھرىدىن ۋازكېچىپ پۈتۈنلەي ئالمىسا) ياكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان② ئەرلەر ئۆزىگە تېگىشلىكنى ئايالىغا ئۆتۈنسىمۇ (يەنى تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتسىمۇ) بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئۆتۈنگىنىڭلار تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [237]. سىلەر نامازلارغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرىدىكى ناماز (نامازدىگەر) گە③ ئەھمىيەت بېرىڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار). ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار [238].***

① بۇ توپىلىقى بەلگىلىنىپ بولغان ئايالنى، بىر يەردە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىشنىڭ يەنە بىر شەكلى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا ئەر بەلگىلەنگەن توپىلىقنىڭ يېرىمىنى ئايالىغا بېرىشى لازىم. ئەمما ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ھەققىدىن ۋاز كېچىپ، ئەپۇ قىلىۋەتسە، ئۇ چاغدا ئەر بىر نەرسە بەرمىسىمۇ بولىدۇ.

② يەنى نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان كىشى ئايالنىڭ ئېرىدۇر. چۈنكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى (نىكاھنى ئۈزۈش ۋە داۋاملاشتۇرۇش) ئۇنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئەر توپىلىقنىڭ يېرىمىنى ئەپۇ قىلىۋەتسىمۇ بولىدۇ. يەنى بېرىپ بولغان توپىلىقنىڭ يېرىمىنى قايتۇرىۋالغانلىقنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنىڭ ھەققىدىن (توپىلىقنىڭ يېرىمىدىن) ۋاز كەچسىمۇ ياكى ئۇنى پۈتۈنلەي ئايالىغا بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە ﴿ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار﴾ دەپ تەكىتلەش ئارقىلىق، مەھرى ھەققى ئىشىدا ئۆزئارا ئېھسان قىلىشقا يەنى ئادەمگەرچىلىك ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى.

ئەسكەرتىش: بەزىلەر ئايەتتىكى ﴿نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر﴾ دېگەندە ئايالنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغۇچى ۋەلىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ قاراپ، ئايال ئۆتۈنسە ياكى ئۇنىڭ ۋەلىيسى ئۆتۈنسە دەپ تەپسىر قىلىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئايالنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان ۋەلىينىڭ قولىدا نىكاھنىڭ تۈگۈنى يوق، ئىككىنچىدىن،

مەھرى دېگەن ئايالنىڭ ھەققى ھەم ئۇنىڭ مۈلكىدۇر، ئۇنى ئۆتۈنۈش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى ۋەلىينىڭ ئىلكىدە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنقى تەپسىر توغرىدۇر. (فەتھۇلقەدىر)

مۇھىم ئىزاھات: تالاق قىلىنغان ئاياللار تۆت قىسىم بولىدۇ:

1-تويلۇقى بەلگىلەنگەن، ئەر بىلەن بىر يەردە بولغان ئايال، ئۇنىڭغا تويلۇقى (مەھرى ھەققى) تولۇق بېرىلىدۇ، 229-ئايەتتە ئۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىندى.

2-تويلۇقى بەلگىلەنمىگەن، ئەر بىلەن بىر يەردە بولمىغان ئايال، ئۇنىڭغا پەقەت مەلۇم مىقداردا بىر نەرسە (تالاق سوۋغىسى) بېرىلىدۇ.

3-تويلۇقى بەلگىلەنگەن، لېكىن ئەر بىلەن بىر يەردە بولمىغان ئايال، ئۇنىڭغا يېرىم مەھرى ھەققى بېرىش لازىمدۇر. (بۇ نۇقتا يۇقىرىدا بايان قىلىندى)

4-تويلۇقى بەلگىلەنمىگەن، ئەر بىر بىلەن بىر يەردە بولغان ئايال، ئۇنىڭغا مەھرى مىسلى بېرىلىدۇ، مەھرى مىسلى دېگەن ئايالنىڭ قەۋمىدىكى ئۆرپ-ئادەت، رەسمى-راۋاج بويىچە بېرىلىدىغان مەھرىنىڭ مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ ياكى مۇشۇنداق ئايالغا ئادەتتە قانچىلىك مەھرى بېرىلىدىغانلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. (نەيلۇلئەۋتار 6-توم، 194-بەت، ئەۋنۇلمەئبۇد 6-توم، 106-بەت)

③ ﴿الصَّلَوٰةِ الْوُسْطَىٰ﴾ «ئوتتۇرىدىكى ناماز» دېگەنىدە دىگەر (ئەسىر) نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خەندەك غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ، دىگەر (ئەسىر) نامىزىنى تا كۈن پاتقۇچە ئوقۇشىمىزغا دەخلى قىلغان مۇشرىكلارنىڭ قەبرىلىرى ۋە ئۆيلىرىنى ئوتقا توشقۇزىۋەتكىن». (سەھىھۇل بۇخارى 2931-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 627-ھەدىس)

فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا ۖ فَإِذَآ أَمِنتُمْ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ كَمَا
عَلَّمَكُم مَّا لَمْ تَكُونُوا۟ تَعْلَمُونَ ﴿٢٣٩﴾ وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنكُمْ
وَيَذَرُونَ أَزْوَٰجًا وَصِيَّةً لِّأَزْوَٰجِهِم مَّتَٰعًا إِلَى ٱلْحَوْلِ غَيْرَ إِخْرَاجٍ ۚ

فَإِنۡ خَرَجۡنَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِي مَا فَعَلۡنَ فِيٓ أَنفُسِهِنَّ مِن
مَّعۡرُوفٖۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٢٤٠﴾ وَلِلۡمُطَلَّقَٰتِ مَتَٰعُۢ بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا
عَلَى ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٢٤١﴾ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ
تَعۡقِلُونَ ﴿٢٤٢﴾

***سىلەر قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، نامازنى پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ئوقۇساڭلار بولىدۇ. ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا، ئاللاھنى سىلەر بىلمىگىنىڭلارنى تەلىم بەرگىنى بويىچە ياد ئېتىڭلار (يەنى قورقۇنچ تۈگىگەندە، نامازنى ئاللاھ سىلەرگە تەلىم بەرگەن بويىچە تولۇق ئوقۇڭلار، ئاللاھ نامازنى قانداق ئۆتەشكە ئەمر قىلغان بولسا، تولۇق ئەركانلىرى بىلەن شۇنداق ئۆتەڭلار)① [239]. ئاراڭلاردىن ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى (تۇل) قالىدىغانلار ئاياللىرىنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماستىن، بىر يىلغىچە (يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن) تەمىنلىنىشىنى (ھايات ۋاقتىدا) ۋەسىيەت قىلسۇن②. ئەگەر (ئاياللىرى) ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [240]. تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (بۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر③ [241]. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ (ئۆز ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ [242].***

① يەنى دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورققان چېغىڭلاردا يول يۈرۈۋاتقان ھالەتتە ياكى ئۇلاغقا مىنگەن ھالەتتە بولامدۇ، ئىشقىلىپ قانداق ھالەتتە بولساڭلار، نامازنى ئۆتەڭلار. قورقۇنچتىن ئەمىن بولغاندا سىلەرگە ئۆگىتىلگەن تەرىقىدە ناماز ئۆتەڭلار.

② بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، تەرتىپتە كېيىن كەلگەن، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئايەت ئىلگىرى بايان

قىلىنىپ بولدى. ئۇنىڭدا ﴿ئاراڭلاردىن ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىپ تۇل قالغان ئاياللار بولسا، ئۇلار تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾ دېيىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا مىراس ئايىتىدە ئاياللارنىڭ ھەق-نېسىۋىلىرى ئېنىق بەلگىلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئەرنىڭ ئايالىغا تۇرالغۇ، يېمەك-ئىچمەك، نەپىقە بېرىش دېگەندەك قايسىبىر تۈردىكى ۋەسىيەت قالدۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى.

③ بۇ بىر ئومۇمىي ھۆكۈم بولۇپ ھەر قانداق تالاق قىلىنغان ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەتتە ئاجرىشىدىغان چاغدا چىرايلىقچە، ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئاجرىشىش تەكىتلەنگەن. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىن پايدىسى كۆپتۇر. كاشكى مۇسۇلمانلار بۇ ئەھمىيەتلىك نەسىھەتكە ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇلارنى بىئارام قىلغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەل بولغان بولاتتى. بۈگۈنكى، بىر قىسىم «مۇجتەھىدلەر» ﴿مَتَاعٌ﴾ بىلەن ﴿مَتِّعُوهُنَّ﴾ «تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم» دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى «تالاق قىلىنغان ئايالغا ئۆز ئۆيىۋىڭلاردىن جاي بېرىشىڭلار كېرەك ياكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلارغا نەپىقە بېرىپ تۇرۇشۇڭلار لازىم، دەپ ئىزاھلايدۇ، بۇنداق ئىزاھلاشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقتۇر. ئەر ئۆزى ياقتۇرمىغانلىقتىن ھاياتىدىن چىقىرىۋەتكەن ئايالغا، ئۆمۈر بويى نەپىقە بېرىشكە قانداقمۇ رازى بولسۇن؟!

۞ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَٰرِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ
فَقَالَ لَهُمُ ٱللَّهُ مُوتُواْ ثُمَّ أَحْيَٰهُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ
وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٢٤٣﴾ وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ
وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٤٤﴾ مَّن ذَا ٱلَّذِي يُقْرِضُ ٱللَّهَ قَرْضًا
حَسَنًا فَيُضَٰعِفَهُۥ لَهُۥٓ أَضْعَافًا كَثِيرَةًۚ وَٱللَّهُ يَقْبِضُ وَيَبْصُۜطُ وَإِلَيْهِ
تُرْجَعُونَ ﴿٢٤٥﴾

***ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارغا***

***«ئۆلۈڭلار» دېدى (ۋە ئۇلار ئۆلدى)، ئاندىن كېيىن (ئاللاھ) ئۇلارنى تىرىلدۈردى①. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ. [243] ئاللاھ يولدا جىھاد قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى، ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [244]. كىمكى (پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولدا خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىپ) ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن②، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. ئاللاھ (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى ھەممىڭلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر [245].***

① بۇ ئىلگىرىكى بىر ئۈممەتنىڭ ۋەقەسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنمىغان. تەپسىرلەردە ئۇنىڭ بەنى ئىسرائىلنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەنلىكى، پەيغەمبەر ھىزقىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھ تائالا قايتا تىرىلدۈرگەن قەۋم ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئۇلار جىھاد قىلىسا ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ ياكى تائۇن ۋاباسىدىن قورقۇپ، ئۆلۈمدىن قېچىپ، ئۆيلىرىدىن چىققاندى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تىرىلدۈرۈش ئارقىلىق بىرىنچىدىن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھى ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ئىكەنلىكىنى، ئۈچىنچىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى قايتىدىن يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تىرىلدۈرگەندەك، ھەممە ئىنسانلارنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى.

كېيىنكى ئايەتتە مۇسۇلمانلار جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلدى. جىھادقا بۇيرۇشتىن ئىلگىرى بۇ ۋەقەنى بايان قىلىشتىكى ھېكمەت ۋە شۇ ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەقسەت شۇكى، جىھاد قىلىشتىن قاچماڭلار، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى بەلگىلىنىپ بولغان، سىلەر جىھادتىن قېچىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرەلمەيسىلەر.

② «قەرزى ھەسەنە» دېگەندە ئاللاھنىڭ يولىغا، جىھادقا پۇل-مال سەرپ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى جاننى قۇربان قىلغاندەك ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ قۇربانلىق بېرىشلار، رىزىقنىڭ كەڭ ۋە تار بولۇشى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەر ئىككى ئۇسۇل ئارقىلىق سىلەرنى سىنايدۇ. گاھى رىزقنى تار قىلىپ؛ گاھى كەڭ قىلىپ سىنايدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدا خەرج قىلىش بىلەن پۇل-مال كەم بولۇپ قالمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىدۇ. بەزىدە زاھىرىي جەھەتتىن كۆپەيتىپ بەرسە، بەزىدە مەنىۋىي جەھەتتىن پۇل-مالغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە كۆپەيتىپ بېرىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق بولىدۇ.

أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلۡمَلَإِ مِنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ مِنۢ بَعۡدِ مُوسَىٰٓ إِذۡ قَالُواْ لِنَبِيّٖ لَّهُمُ ٱبۡعَثۡ لَنَا مَلِكٗا نُّقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ قَالَ هَلۡ عَسَيۡتُمۡ إِن كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ أَلَّا تُقَٰتِلُواْۖ قَالُواْ وَمَا لَنَآ أَلَّا نُقَٰتِلَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَدۡ أُخۡرِجۡنَا مِن دِيَٰرِنَا وَأَبۡنَآئِنَاۖ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقِتَالُ تَوَلَّوۡاْ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٤٦﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسا (ۋاپاتى)دىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان كاتتىباشلارنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟① ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە بىر پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن②، (ئۇنىڭ باشچىلىقىدا دۈشمەنلەرگە قارشى) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالساڭلارچۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق، قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد قىلىش پەرز قىلىنغان چاغدا، ئاز قىسمىدىن باشقا ھەممىسى (جىھاد قىلىشتىن) باش تارتتى. (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر [246].***

① ﴿ الْمَلَإِ﴾ دېگەن قەۋمنىڭ سەردارلىرى، مۆتىۋەرلىرى، كاتتىۋاشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئومۇمەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلار ۋە قوماندانلار بولىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن قەۋمنىڭ كۆزلىرى ۋە دىللىرى قورقۇنچقا تولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «تولدۇرۇش» دېمەكتۇر. (ئەيسەر تەپاسىر) تەپسىرلەردە بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى شۇمۇئىل ئەلەيھىسسالام دېيىلگەن. ئىبنى كەسىر ۋە باشقا مۇپەسسىرلەر بايان قىلغان ۋەقەنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر مەزگىل ياخشى ئۆتكەن ئىدى، كېيىن ئۇلار توغرا يولدىن بۇرۇلۇشقا باشلىدى، دىندا بىدئەتلەرنى پەيدا قىلدى، ھەتتا بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى، پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى توسقان بولسىمۇ، ئۇلار گۇناھ ۋە شېرىكتىن باش تارتمىدى. نەتىجىدە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى مۇسەللەت قىلدى، دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ زېمىنىنىمۇ بېسىۋالدى، ھەم نۇرغۇن ئادەملىرىنى زىندانغا تاشلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئارقىمۇ-ئارقا كېلىۋاتقان پەيغەمبەرلىك شەجەرىسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. ئاخىرى كىشىلەرنىڭ كۆپ دۇئا قىلىشى بىلەن ئۇلارغا بىر پەيغەمبەر كەلدى، ئۇنىڭ ئىسمى شۇمۇئىل ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇ كىشىلەرنى توغرا دىنغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۇ پەيغەمبەردىن بىزگە بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بەرگىن، بىز ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشايلى، دەپ تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، سىلەر پادىشاھ تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر، لېكىن مەن سىلەرنى سۆزۈڭلاردا تۇرماي قالارسىلەرمىكىن دەيمەن، دېدى. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى، قۇرئان كەرىم بايان قىلغاندەك، ئۇلار سۆزىدە تۇرمىغان ئىدى.

② پەيغەمبەر بىر ھالەتتە پادىشاھ تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش پادىشاھلىقنىڭ جايىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئەگەر پادىشاھلىق جايىز بولمىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماستىن، تالۇتنى ئۇلارغا پادىشاھ قىلىپ بەردى، تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇشۇ نۇقتا بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئەگەر پادىشاھ ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلماستىن ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، ئەدلى-ئىنساپ بىلەن باشقۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى جايىز

بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ياخشى كۆرۈلىدىغان ھەم تەلەپ قىلىنىدىغان ئېھتىياج بولىدۇ. (تەپسىلى بىلىش ئۈچۈن سۈرە مائىدە 20-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

وَقَالَ لَهُمْ نَبِيُّهُمْ إِنَّ ٱللَّهَ قَدْ بَعَثَ لَكُمْ طَالُوتَ مَلِكًاۚ قَالُوٓاْ أَنَّىٰ يَكُونُ لَهُ ٱلْمُلْكُ عَلَيْنَا وَنَحْنُ أَحَقُّ بِٱلْمُلْكِ مِنْهُ وَلَمْ يُؤْتَ سَعَةً مِّنَ ٱلْمَالِۚ قَالَ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصْطَفَىٰهُ عَلَيْكُمْ وَزَادَهُۥ بَسْطَةً فِى ٱلْعِلْمِ وَٱلْجِسْمِۖ وَٱللَّهُ يُؤْتِى مُلْكَهُۥ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٤٧﴾ وَقَالَ لَهُمْ نَبِيُّهُمْ إِنَّ ءَايَةَ مُلْكِهِۦٓ أَن يَأْتِيَكُمُ ٱلتَّابُوتُ فِيهِ سَكِينَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَبَقِيَّةٌ مِّمَّا تَرَكَ ءَالُ مُوسَىٰ وَءَالُ هَٰرُونَ تَحْمِلُهُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٢٤٨﴾

*پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولالايدۇ. (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھ بولۇشقا بىز ئۇنىڭدىن بەكرەك ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال - مۈلكى كۆپ بولمىسا» دېدى. پەيغەمبەر: «ئاللاھ راستىنلا سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى بەستلىك قىلدى①، ئاللاھ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ» دېدى [247]. ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى: «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ②، ئۇنىڭغا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تاۋابىئاتلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر (ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان) بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى ساندۇقنىڭ نازىل بولۇشىدا، ئاللاھنىڭ*

***تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا) ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن (روشەن) ئالامەت بار.» [248].***

① تالۇت ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى ئاددىي، نامرات بىر كىشى بولۇپ، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە داۋام قىلىۋاتقان پادىشاھلار جەمەتىدىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار تالۇتنىڭ پادىشاھ بولۇشىغا ئېتىراز بىلدۈردى، پەيغەمبەر ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «مەن پادىشاھنى ئۆز خاھىشىم بويىچە بەلگىلىمىدىم، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۇنى پادىشاھلىققا تەيىنلىدى. باشقۇرۇش ۋە قوماندانلىق قىلىشتا مالدىنمۇ زۆرۈر بولغان نەرسە ئەقىل، ئىلىم ۋە جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋەتتۇر، تالۇت بۇ جەھەتتە ھەممىڭلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى مۇشۇ مەنسەپكە تاللىدى، ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى كەڭدۇر، خالىغان كىشىگە ئۆز پەزلى-مەرھەمىتىنى ئاتا قىلىدۇ. «ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ» يەنى پادىشاھلىققا كىمنىڭ ئەڭ لايىق، كىمنىڭ لايىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

(مەلۇم بولىشىچە، ئۇلارغا تالۇتنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تەرەپتىن بەلگىلەنگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلار كۆڭلىنىڭ ئەمىن تېپىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تۆۋەندىكى ئايەتتە ئۇنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بايان قىلىنىدۇ.)

② ﴿ التَّابُوتُ﴾نىڭ سۆز يىلتىزى «تُوْبٌ» بولۇپ، قايتىش، مۇراجىئەت قىلىش دېگەن مەنىدە. چۈنكى ئىسرائىل ئەۋلادى بەرىكەت ئىزدەپ، شۇ ساندۇققا مۇراجىئەت قىلاتتى. (فەتھۇلقەدىر) بۇ ساندۇقتا مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەررۇك نەرسىلەر بار ئىدى، بۇ ساندۇقنى ئۇلاردىن دۈشمەنلىرى تارتىۋالغان ئىدى، ئاللاھ تائالا تالۇتنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇ ساندۇقنى پەرىشتىلەر ئارقىلىق تالۇتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يەتكۈزۈپ بەردى، ئۇنى كۆرگەن ئىسرائىل ئەۋلادى بىر تەرەپتىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ساندۇقنىڭ تالۇتنىڭ پادىشاھلىقىغا ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ئالامەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئاللاھ تائالا بۇ ساندۇقنى ئۇلار ئۈچۈن بىر مۆجىزە، غەلىبە-نۇسرەت ئالامىتى ۋە ئۇلارنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە قىلدى. ﴿ سَكِينَةٌ﴾ ﴿تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە﴾ بۇ ئاللاھ تەرەپتىن خاس بەندىلەرگە چۈشىدىغان

ئالاھقا نۇسرەت بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ھەر قانداق شەرىيەتك باتۇرلارمۇ تىترەپ كېتىدىغان دەھشەتلىك جەڭلەردە مۆئمىنلەرنىڭ يۈرىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ كەتمەيدۇ، غەلبە-نۇسرەتكە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.

فَلَمَّا فَصَلَ طَالُوتُ بِٱلْجُنُودِ قَالَ إِنَّ ٱللَّهَ مُبْتَلِيكُم بِنَهَرٍ فَمَن شَرِبَ مِنْهُ فَلَيْسَ مِنِّي وَمَن لَّمْ يَطْعَمْهُ فَإِنَّهُۥ مِنِّيٓ إِلَّا مَنِ ٱغْتَرَفَ غُرْفَةًۢ بِيَدِهِۦۚ فَشَرِبُواْ مِنْهُ إِلَّا قَلِيلًا مِّنْهُمْۚ فَلَمَّا جَاوَزَهُۥ هُوَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ قَالُواْ لَا طَاقَةَ لَنَا ٱلْيَوْمَ بِجَالُوتَ وَجُنُودِهِۦۚ قَالَ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ ٱللَّهِ كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةًۢ بِإِذْنِ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٢٤٩﴾

***تالۇت (جىھاد قىلىش ئۈچۈن) ئەسكەرلىرى بىلەن (بەيتۇلمۇقەددەستىن) ئايرىلغان چاغدا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر دەريا① بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىرئاز بېسىش ئۈچۈن) قولى بىلەن بىر ئوچۇم ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنە كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى②. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ) ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى: «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ»③ دېدى. (تالۇتنىڭ ئەسكەرلىرىدىن) ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدىغانلار: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [249].***

① بۇ ئىئوردانىيە بىلەن پەلەستىن ئارىسىدىكى بىر دەريا ئىدى.

(تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② ھەر قانداق ئەھۋالدا قوماندانغا ئىتائەت قىلىش ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئەمما دۈشمەن بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئۇچراشقاندا بولسا، ئۇنىڭ زۆرۈرلىكى ئىككى ھەسسە ھەتتا يۈز ھەسسە بولۇپ كېتىدۇ. يەنە جەڭدە غەلبە قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەرلەر ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە باشقا قاتتىقچىلىقلارغا سەۋر قىلىشى، چىدامچانلىق كۆرسىتىشى ناھايىتى زۆرۈر. شۇڭا تالۇت ئەسكەرلەرنى بۇ ئىككى نۇقتىدىن تەربىيىلەش ھەم سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا: «سىلەر بىر دەريا بىلەن سىنىلىسىلەر، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس» دېدى، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ دەريادىن سۇ ئىچتى، ئىچكەنلەرنىڭ سانى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ھەر خىل رىۋايەتلەرنى نەقىل قىلدى. نەقىل قىلىنىشىچە ئىچمىگەنلەرنىڭ سانى بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابىلەرنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش 310 ئىدى. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

③ يەنى بىر قىسىم مۆئمىنلەر دەسلەپتە دۈشمەنلەر سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئۆزلىرىنىڭ سانىنى ئاز ساندى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىزھار قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆلىما ۋە ئىمانى كۈچلۈك كىشىلەر ئۇلارغا دېدىكى، غەلبە-نۇسرەت سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە قوراللارنىڭ سەرخىللىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىزنىگە باغلىقتۇر، ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چىدامچان ۋە سەۋرچان بولۇش زۆرۈردۇر.

وَلَمَّا بَرَزُواْ لِجَالُوتَ وَجُنُودِهِۦ قَالُواْ رَبَّنَآ أَفۡرِغۡ عَلَيۡنَا صَبۡرٗا
وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٥٠﴾ فَهَزَمُوهُم بِإِذۡنِ
ٱللَّهِ وَقَتَلَ دَاوُۥدُ جَالُوتَ وَءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ٱلۡمُلۡكَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَعَلَّمَهُۥ
مِمَّا يَشَآءُۗ وَلَوۡلَا دَفۡعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعۡضَهُم بِبَعۡضٖ لَّفَسَدَتِ ٱلۡأَرۡضُ
وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ ذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٥١﴾

***ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇتۇشقان چاغدا: «ئى***

***پەرۋەردىگارىمىز! (قەلبىمىزنى) چىدامچانلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن»① دېدى [250]. نىھايەت (مۆئمىنلەر) ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى، داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى②. ئاللاھ داۋۇدقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) بەردى③. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلەرنى (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) بىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، (دۇنيانىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلۇپ) يەر يۈزى ئەلۋەتتە خارابلىككە ئايلانغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر④ [251].***

① جالۇت بولسا تالۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇشماقچى بولغان دۈشمەن قەۋمنىڭ قوماندانى ھەم پادىشاھى ئىدى. جالۇتنىڭ قەۋمى ئامالىقەلىكلەر بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار جەڭ ماھارىتى يۇقىرى، جەڭگىۋار قەۋم دەپ قارىلاتتى. ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىنىڭ نام-شۆھرىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۆئمىنلەر جەڭ مەيدانىدا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۆزلىرىگە چىدامچانلىق، سەۋاتلىق بېرىشنى ۋە كۇفرى ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىشنى تىلىدى. بۇ ماددىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىش بىلەن بىللە ئاللاھنىڭ نۇسرىتىنى تىلەش، بولۇپمۇ مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا خۇسۇسىي دۇئا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بەدرى غازىتىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ، يېلىنىپ، زارلىنىپ تۇرۇپ، ئاللاھتىن نۇسرەت تىلىگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلدى، نەتىجىدە سانى ئاز مۇسۇلمانلار سانى كۆپ كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

② داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، پادىشاھمۇ ئەمەس ئىدى، ئۇ تالۇتنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدىكى بىر ئەسكەر ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق جالۇتنى ھالاك قىلدى، ئاز ساندىكى مۆئمىنلەر ئارقىلىق كۆپ ساندىكى قەۋمنى مەغلۇپ قىلدى.

③ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنى ھەم پادىشاھلىقنى ئاتا قىلدى. بۇ يەردىكى ﴿ھېكمەت﴾ دېگەن سۆزدىن بەزى مۇپەسسىرلەر پەيغەمبەرلىك، بەزىلەر تۆمۈرچىلىك، يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئېرىشكەن غەلىبە ۋە بۇ جەڭدە كۆرسەتكەن ماھارىتى ۋە تەدبىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ قارايدۇ.

④ بۇ ئايەتتە بىر ئىلاھىي قانۇنىيەت بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ بىر گۇرۇھ ئىنسانلار ئارقىلىق يەنە بىر گۇرۇھ ئىنسانلارنىڭ زۇلمىنى ۋە ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، بىر گۇرۇھنى داۋاملىق كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ھاكىمىيەتتىن بەھرىلەندۈرسە، زېمىن زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىققا تولۇپ كەتكەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەت دۇنيادىكى كىشىلەرگە ئاتا قىلىنغان ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھ تائالا سۈرە ھەجنىڭ 38-ۋە 40-ئايەتلىرىدىمۇ بايان قىلدى.

تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِٱلْحَقِّ ۚ وَإِنَّكَ لَمِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٢٥٢﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇركى، ئۇنى بىز ساڭا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن) ئەلچىلەرنىڭ بىرىسەن① [252].***

① ساڭا نازىل قىلىنغان كىتاب ئارقىلىق دۇنياغا مەلۇم بولغان مەزكۇر ۋەقەلەر، ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى سەن بۇ ۋەقەلەرنى بىرەر كىتابتىن ئوقۇغانمۇ ئەمەس، نە بىراۋدىن ئاڭلىغانمۇ ئەمەس. ئۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇلار ئاللاھ تائالا رەسۇلىغا ۋەھيي ئارقىلىق نازىل قىلغان غەيبنىڭ خەۋەرلىرىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرىنىڭ بايانى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

۞ تِلۡكَ ٱلرُّسُلُ فَضَّلۡنَا بَعۡضَهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖۘ مِّنۡهُم مَّن كَلَّمَ ٱللَّهُۖ وَرَفَعَ بَعۡضَهُمۡ دَرَجَٰتٖۚ وَءَاتَيۡنَا عِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدۡنَٰهُ بِرُوحِ ٱلۡقُدُسِۗ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقۡتَتَلَ ٱلَّذِينَ مِنۢ بَعۡدِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ وَلَٰكِنِ ٱخۡتَلَفُواْ فَمِنۡهُم مَّنۡ ءَامَنَ وَمِنۡهُم مَّن كَفَرَۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقۡتَتَلُواْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ مَا يُرِيدُ ﴿٢٥٣﴾

***ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق① . ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مەريەم ئوغلى ئىيساغا (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، گاچىلارنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىشقا ئوخشاش) روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق② ، ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى③ ، لېكىن ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ [253].***

① قۇرئان كەرىم باشقا بىر ئايەتتىمۇ بۇ نۇقتىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴾. (سۈرە ئىسرا 55-ئايەت) شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «سىلەر مېنى (باشقا) پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇق بىلمەڭلار» (سەھىھۇل بۇخارى 4638-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 135-باب) دېگەن سۆزىدىن ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەزىلەتتە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنى ئەدەپ-ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىشنى تەلىم بېرىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىش كېرەك. يەنى بۇ يەردە

ئۇلارنىڭ قانداق ئالاھىدىلىك ۋە سۈپەتلەر بىلەن بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولغانلىقىنى سىلەر ياخشى بىلمەيسىلەر، شۇڭا باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى چۈشۈرگەن ھالدا، مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىمنى بايان قىلماڭلار، دېمەكچى. ئەمەلىيەتتە بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىدىن پەزىلەتتە ئارتۇق ئىكەنلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەتتە ھەممە پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكى قۇرئان-ھەدىس دەلىللىرى بىلەن ئىسپاتلانغان ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئەقىدىسىدۇر. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن ئىمام شەۋكانىنىڭ «فەتھۇلقەدىر» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن)

② بۇنىڭدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن گاچىلارنى ۋە بەرەس كېسىلىنى ساقايتىش، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش قاتارلىق مۆجىزىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلىي بايانى سۈرە ئال ئىمراندا كېلىدۇ. «روھۇلقۇدۇس» دېگەندە جىبرىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ نۇقتا ئىلگىرىمۇ بايان قىلىندى.

③ بۇ تېمىنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا بايان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن دىندا ئىختىلاپ بولۇشنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىكەن دەپ چۈشۈنۈش توغرا ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تائالا ئىختىلاپنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممە كىشىلەرنىڭ ئۆزى نازىل قىلغان شەرىئەتنى قوبۇل قىلىپ، جەھەننەمدىن ئامان قېلىشىنى ياقتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابلارنى نازىل قىلدى، پەيغەمبەرلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ئەۋەتىپ تۇردى. پەيغەمبەرلىكنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ خەلىپىلەر، ئۆلىمالار ۋە دەۋەتچىلەر ئارقىلىق ھەقكە دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ بايان قىلدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى؟ كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ياخشى كۆرگەن يولنى تاللىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. بىراق ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتىن ئىبارەت ئىككى يولنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلمىدى، بەلكى سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا تاللاش ھوقۇقى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى بەردى. شۇڭا بىر قىسىم كىشىلەر بۇ تاللاش ئەركىنلىكىنى توغرا ئىشلىتىپ مۇئمىن بولىدۇ؛ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى توغرا ئىشلەتمىگەنلىكتىن كاپىر بولىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە

ئىرادىسىدۇر، ئەمما ئۇنىڭ رىزالىقى بولسا باشقا بىر نەرسىدۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقۡنَٰكُم مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا بَيۡعٞ فِيهِ وَلَا خُلَّةٞ وَلَا شَفَٰعَةٞۗ وَٱلۡكَٰفِرُونَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٥٤﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! سودىلىشىش، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە رۇخستىسىز) شاپائەت بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار①. كاپىرلار (نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلار ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر [254].***

① يەھۇدىيلار، ناسارالار، كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ پېشىۋالىرىنى (يەنى پەيغەمبەرلەر، ۋەلىيلەر، بۇزرۇكلار، پىر-مۇرشىدلەرنى) ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازلىرى ئارقىلىق مۇرتلىرىنى ئاللاھتىن تىلىۋالالايدۇ ۋە تىلىۋالىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار بۇنى شاپائەت دەپ قارايتتى. دېمەك ئۇلار بۈگۈنكى كۈندىكى جاھىل كىشىلەرگە ئوخشاش پىر-مۇرشىدلىرىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بىرىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى تىلىۋالىدۇ دەپ ئويلايتتى. بۇ ئايەتتە ئۇنداق شاپائەتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى بايان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئايەتەلكۇرسى ۋە باشقا ئايەت-ھەدىسلەردە باشقا بىر خىل شاپائەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى بايان قىلىندى ۋە بۇ خىل شاپائەتنىڭ پەقەت ئاللاھ رۇخسەت قىلغان كىشىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى، ئۇلار پەقەت ئاللاھ رۇخسەت قىلغان كىشىلەرنىلا شاپائەت قىلالايدۇ. ئاللاھ تائالا پەقەت تەۋھىد ئەھلى بولغان كىشىلەرنىلا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ، شاپائەت قىلغۇچىلار پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، شېھىتلەر ۋە سالىھلاردىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆز ئىمتىيازى ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق بېسىم ئىشلىتەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن شۇنداق تىترەپ كېتىدۇكى، ھەتتا رەڭلىرى ئۆڭۈپ، چىرايلىرىدا قان قالمايدۇ. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ

تۇرىدۇ﴾. (سۈرە ئەنبىيا 28-ئايەت)

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا
فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشۡفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ
يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ
عِلۡمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ كُرۡسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ
حِفۡظُهُمَاۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٢٥٥﴾

***بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدۇر. ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ①. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسىسى② ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر [255].***

① بۇ ئايەت «ئايەتۇلكۇرسى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. يەنە بۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەتتۇر. ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئايەت»، يەنە «ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بىر ساقلىغۇچى ھەمراھ بولىدۇ ۋە تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭغا شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ.» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ئايەتنى ھەر پەرز نامازدىن كېيىن ئوقۇشنىڭ كاتتا پەزىلىتى بار. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى، قۇدرىتى، بۈيۈكلىكى ۋە كاتتىلىقى تەرىپلەنگەن ئۇنىۋېرسال بىر ئايەتتۇر.

② مۇپەسسىرلەر «كۇرسى»نىڭ ھەر خىل مەنىلىرىنى بايان قىلغان. مەسىلەن: پۇت قويىدىغان جاي، ئىلىم، قۇدرەت، كاتتىلىق، پادىشاھلىق، ئەرش قاتارلىقلار. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە سەلەف ۋە ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ تۇتقان يولى شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى قۇرئان-ھەدىستە قانداق بايان قىلىنغان بولسا، شۇ پېتى، ئۆزگەرتمەستىن، قانداقلىقىنى بايان قىلماستىن ئىمان كەلتۈرۈش لازىم. يەنە كۇرسىنىڭ ھەقىقەتتە ئەرش ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك. چۈنكى، كۇرسىنىڭ قانداقلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە قايسى رەۋىشتە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىز بايان قىلىپ بېرەلمەيمىز، چۈنكى بىز ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەيمىز.

لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشۡدُ مِنَ ٱلۡغَيِّۚ فَمَن يَكۡفُرۡ
بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا
ٱنفِصَامَ لَهَاۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ٢٥٦ ٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُخۡرِجُهُم
مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡلِيَآؤُهُمُ ٱلطَّٰغُوتُ
يُخۡرِجُونَهُم مِّنَ ٱلنُّورِ إِلَى ٱلظُّلُمَٰتِۗ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ
فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢٥٧ أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِي حَآجَّ إِبۡرَٰهِـۧمَ فِي رَبِّهِۦٓ أَنۡ ءَاتَىٰهُ
ٱللَّهُ ٱلۡمُلۡكَ إِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّيَ ٱلَّذِي يُحۡيِۦ وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا۠ أُحۡيِۦ
وَأُمِيتُۖ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَأۡتِي بِٱلشَّمۡسِ مِنَ ٱلۡمَشۡرِقِ فَأۡتِ
بِهَا مِنَ ٱلۡمَغۡرِبِ فَبُهِتَ ٱلَّذِي كَفَرَۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ٢٥٨

***دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت ئازغۇنلۇقتىن ئېنىق ئايرىلدى①، كىمكى تاغۇتنى (بارلىق ساختا ئىلاھلارنى) رەت قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [256]. ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمەتلىرىدىن (ئىماننىڭ)***

*يورۇقلۇقـقا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى (دوستى) تاغۇتتۇر (يەنى ئاللاھتىن باشقا چوقۇنۇلغان نەرسىلەردۇر). تاغۇت ئۇلارنى (ئىمانىنىڭ) يورۇقلۇقىدىن چىقىرىپ (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىغا كىرگۈزىدۇ. ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [257]. ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىق تۈپەيلى (ھاكاۋۇرلىشىپ) رەببى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئادەم (نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم (ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا): «مېنىڭ رەببىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كىلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېۋىدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) ئۇ كاپىر ئىغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [258].*

① بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت بار: ئەنسارلاردىن بىر قىسىم ياشلار يەھۇدىي ياكى خىرىستىئان بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەنسارلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىي ياكى خىرىستىئان بولۇپ كەتكەن بالىلىرىنى مەجبۇرىي مۇسۇلمان قىلماقچى بولغاندا بۇ ئايەت نازىل بولغان. چۈشۈش سەۋەبى ئېتىبارى بىلەن بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى ئەھلى كىتابلارغا خاس دەپ قارىغان، يەنى ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان ئەھلى كىتاب كىشىلەر ئەگەر جىزيە تۆلىسە، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىنمايدۇ، دېگەن. لېكىن بۇ ئايەت ھۆكۈم ئېتىبارى بىلەن ئومۇمىيدۇر. يەنى ھېچكىم ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى. كۇفرى ۋە شېرىكنى يوقىتىپ، باتىلنىڭ كۈچىنى پارچىلاش ئۈچۈن جىھاد قىلىش بىلەن دىنغا كىرىشكە مەجبۇرلاشنى بىر ئىش دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ، بۇ ئىككىسى باشقا-باشقا نەرسىدۇر. جىھادتىن مەقسەت ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى

بىلەن خالىسا كۇفرىلىقتا قېلىش ياكى خالىسا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئەركىنلىكىگە شارائىت ھازىرلاپ، جەمئىيەتتىن ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغان كۈچنى ۋە ئۇنىڭ بىسىمىنى يوق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى دىنغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلار تۈرۈپ-تۈرۈپ كۆچىيىپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جىھادنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ زۆرۈرلىكىمۇ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە «بۇ دىن قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ، مۇسۇلمانلاردىن بىر جامائەت قىيامەتكىچە دىن ئۈچۈن جىھاد قىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم 1922-ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلغان ۋە «كىشىلەر بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ شاھادەت ئېيتمىغۇچە جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى25-ھەدىس) شۇنىڭدەك دىندىن يېنىۋالغان مۇرتەدكە بېرىلىدىغان جازا ئۇنى ئۆلتۈرۈش بولۇپ، ئۇ (بەزى كىشىلەرنىڭ شۈبھە پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئېيتقىنىدەك) بۇ ئايەتكە ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ، مۇرتەدكە ئۆلۈم جازاسى بېرىش مەجبۇرلىغانلىق ئەمەس، بەلكى ئىسلام دۆلىتىنى ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن مۇھاپىزەت قىلغانلىقتۇر. بىر ئىسلامي دۆلەتتە بىر كاپىرغا ئۆزىنىڭ كۇفرىدا قېلىشىغا رۇخسەت بېرىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇ بىر قېتىم ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىش ۋە قارشىلىشىشىغا رۇخسەت بېرىشكە بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئويدان چۈشىنىپ ۋە ئويلىنىپ ئاندىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئەگەر ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلسە، دۆلەتنىڭ ئىدىئولوگىيە ئاساسى ۋەيران بولىدۇ، ئىدىيە قالايمىقانچىلىقى ۋە پىكرى ئىختىلاپ كۆپىيىدۇ. نەتىجىدە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئامانلىقى ۋە دۆلەت ئىستىھكامى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھوقۇقى نامىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش، زىناخورلۇق، بۇلاڭچىلىق، سوقۇشۇش قاتارلىق جىنايەتلەرگە رۇخسەت قىلىنمىغاندەك، پىكىر ئەركىنلىكى نامىدا ئىسلامي دۆلەتتە ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن قارشىلىشىشقىمۇ (يەنى دىندىن يېنىۋېلىشقىمۇ) رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ مەجبۇرلىغانلىق بولمايدۇ، بەلكى مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈش خۇددى قاتىل، بۇلاڭچى ۋە باشقا جىنايەتچىلەرنى جازالىغانغا ئوخشاش ئادىللىقتۇر. بىرىنىڭ مەقسىتى دۆلەتنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى قوغداش بولسا، يەنە بىرىنىڭ مەقسىتى دۆلەتنى بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىقتىن

ساقلاشتۇر، ھەر ئىككى مەقسەت بىر دۆلەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۈگۈن كۆپىنچە ئىسلامىي دۆلەتلەر مەزكۇر ئىككى مەقسەتكە ئېتىبار بەرمىگەنلىكتىن ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىقلارغا دۇچار بولماقتا.

أَوۡ كَٱلَّذِي مَرَّ عَلَىٰ قَرۡيَةٖ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّىٰ يُحۡيِۦ هَٰذِهِ ٱللَّهُ بَعۡدَ مَوۡتِهَاۖ فَأَمَاتَهُ ٱللَّهُ مِاْئَةَ عَامٖ ثُمَّ بَعَثَهُۥۖ قَالَ كَمۡ لَبِثۡتَۖ قَالَ لَبِثۡتُ يَوۡمًا أَوۡ بَعۡضَ يَوۡمٖۖ قَالَ بَل لَّبِثۡتَ مِاْئَةَ عَامٖ فَٱنظُرۡ إِلَىٰ طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمۡ يَتَسَنَّهۡۖ وَٱنظُرۡ إِلَىٰ حِمَارِكَ وَلِنَجۡعَلَكَ ءَايَةٗ لِّلنَّاسِۖ وَٱنظُرۡ إِلَى ٱلۡعِظَامِ كَيۡفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكۡسُوهَا لَحۡمٗاۚ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥ قَالَ أَعۡلَمُ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٥٩﴾

***ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان شەھەردىن ئۆتكەن ۋە (ئەجەبلىنىپ): «ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن (ئاھالىسى)نى قانداقمۇ تىرىلدۈرەر؟» دېگەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟① شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنى (ئۆلتۈرۈپ) شۇ ھالىتىدە يۈز يىل تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. ئاللاھ (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىۋىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم»② دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ياق! سەن (تولۇق) 100 يىل تۇردۇڭ! يېمەك-ئىچمىكىڭگە قاراپ باققىنكى، ھېچ بۇزۇلمىغان، ئېشىكىڭگە قارا (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). سېنى ئىنسانلارغا (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىشىمىز ئۈچۈن (مۇشۇ ئىشلارنى قىلدۇق). بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى بىز قانداق قۇراشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قانداق گۆش قوندۇرىدىكەنمىز. (يۇقىرىقى ئىشلار) ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا (يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا)، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ (ئوبدان) بىلىۋالدىم»③ دېدى [259].***

① بۇ ئايەتتىكى «ياكى» دېگەن باغلىغۇچى ئىلگىرىكى ئايەتتىكى «كۆرمىدىڭمۇ؟» دېگەن ئىبارىنى كۆرسىتىدۇ ۋە مەنىسى: سەن (ئىلگىرىكى قىسسىدىكى ئادەمگە ئوخشاش) تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان شەھەردىن ئۆتكەن ئادەمنىڭ قىسسىسىگە دىققەت بەردىڭمۇ؟ دېگەن بولىدۇ. بۇ ئادەم كىم ئىدى؟ بۇ ھەقتە ھەر خىل رىۋايەتلەر كەلگەن بولۇپ، ساھابە ۋە تابىئىنلار ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ئۇ ئۇزەير ئىسىملىك بىر كىشىدۇر. —ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر— ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قىسسە (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن نەمرۇدنىڭ قىسسىسى(دە ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلىقى ئىسپاتلانغان ئىدى. ئىككىنچى قىسسىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىكى قۇدرىتى ئىسپاتلاندى، ئاللاھ تائالا ئۇ ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ ئېشىكىنى يۈز يىلدىن كېيىن تىرىلدۈردى، يۈز يىلغىچە ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى سېسىتىپ قويمىدى. ئەنە شۇ ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھەممە ئىنسانلارنى تىرىلدۈرىدۇ، يۈز يىلدىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر زاتقا مىڭ يىللاردىن كېيىنمۇ تىرىلدۈرۈش مۈشكۈل ئەمەستۇر.

② رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇزەير دېگەن ئادەم ئۆلگەندە تېخى ئەتىگەن ئىدى. ئۇ تىرىلىپ تۇرغاندا شام بولاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ كۈننىڭ كىرىپ كەتمىگەنلىكىگە قاراپ، ئەگەر مەن بۇ يەرگە تۈنۈگۈن كەلگەن بولسام، بىر كۈن تۇردۇم، ئەگەر بۈگۈن ئەتىگەن كەلگەن بولسام، بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم، دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە يۈز يىل بولۇپ بولغان ئىدى.

③ يەنى مەن بۇنىڭغا ئىلگىرىمۇ جەزمەن ئىشىنەتتىم، ھازىر مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئەمدى مېنىڭ ئىشەنچىم ۋە ئىلمىم تېخىمۇ ئاشتى.

إِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّ أَرِنِي كَيۡفَ تُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰۖ قَالَ أَوَلَمۡ تُؤۡمِنۖ قَالَ
بَلَىٰ وَلَٰكِن لِّيَطۡمَئِنَّ قَلۡبِيۖ قَالَ فَخُذۡ أَرۡبَعَةٗ مِّنَ ٱلطَّيۡرِ فَصُرۡهُنَّ
إِلَيۡكَ ثُمَّ ٱجۡعَلۡ عَلَىٰ كُلِّ جَبَلٖ مِّنۡهُنَّ جُزۡءٗا ثُمَّ ٱدۡعُهُنَّ يَأۡتِينَكَ
سَعۡيٗاۚ وَٱعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ٢٦٠ مَّثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُمۡ

فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنۢبَتَتۡ سَبۡعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنۢبُلَةٖ
مِّاْئَةُ حَبَّةٖۗ وَٱللَّهُ يُضَٰعِفُ لِمَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ٢٦١

***ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتسەڭ» دېدى. ئاللاھ: «(سەن بۇنىڭغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ تېخىمۇ ئارام تېپىشى ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداقتا، قۇشتىن تۆتنى تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە تونۇلغىن ئاندىن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ پارچىلاپ، گۆشلىرىنى بىلەن پەيلىرى ئارىلاشتۇرۇپ) ھەربىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكنى قويۇپ قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، ئۇلار دەرھال سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىدۇ»① . بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [260]. ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە (ئۇنىڭ ئەجرىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ② . ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر [261].***

① بۇ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى بىر مۆجىزىلىك ۋەقە بولۇپ، ئىززەت-ئابرۇيلۇق پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسى ۋە ئۇنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن. ئۇ تۆت خىل قۇش قايسى- قايسى قۇشلار ئىدى؟ بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر بىر نەچچە خىل قۇشنىڭ نامىنى بايان قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ نامىنى ئېنىقلاشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالامۇ ئۇ قۇشلارنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىدى، پەقەت ئۇلار تۆت خىل قۇش ئىدى. ﴿فَصُرۡهُنَّ﴾نىڭ بىر مەنىسى «أمهلهن» يەنى ئۇلارنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلغىن (كۆندۈرگىن)، ئۇلار تىرىلگەندىن كېيىن تونۇماق ئاسان بولىدۇ، شەككە ئورۇن قالمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەنىنى ئېتىبارغا ئالغاندا ئۇنىڭدىن كېيىن " ثُمَّ قَطِّعْهُنَّ " (ئاندىن ئۇلارنى پارچە-پارچە قىلغىن) دېگەن بىر ئىبارە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان دەپ ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ﴿فَصُرۡهُنَّ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇ قۇشلارنى پارچە-پارچە

قىلغىن دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ چاغدا جۈملىدىن قالدۇرۇلغان ئىبارە بار دەپ ئالمىساقمۇ مەنە ئېنىق بولىدۇ. يەنى قۇشلارنى پارچىلاپ، بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇ پارچىلارنى بىر نەچچە تاغقا چاچقىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، ئۇلار تىرىلىپ، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. (ساھابىلەر، تابىئىنلەر ۋە سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ تەپسىر قىلىش پرىنسىپلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان) ھازىرقى ۋە ئىلگىرىكى بىر قىسىم مۇپەسسىرلەر ﴿فَصُرۡهُنَّ﴾ دېگەن سۆزنى «ئۇلارنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلغىن» دەپلا ئىزاھلايدۇ ۋە ئۇ قۇشلارنىڭ پارچىلانغانلىقى، پارچىلانغان قۇشلارنىڭ بىر قانچە تاغلارغا چېچىلغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تەپسىرى توغرا ئەمەس، ئۇنداق تەپسىر قىلغاندا ۋەقەلىكنىڭ مۆجىزىلىك خاراكتېرى يوقىلىپ كېتىدۇ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان سوئال ئۆز پېتى قالىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ۋەقەلىكنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى دېگەن سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشتۇر. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋەقەسىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «شەك قىلىشتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا بىز ھەقلىقراق.» (سەھىھۇل بۇخارى 4537-ھەدىس) ئۇنىڭ مەنىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شەك قىلغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭدىن كۆپرەك شەك قىلىشقا ھەقلىق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەك قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتۇر. يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىشىگە شەك قىلمىغان، ئەگەر ئۇ شەك قىلغانلىقىنى ئىزھار قىلغان بولسا، بىزمۇ جەزمەن شەك قىلىشقا ئۇنىڭغا قارىغاندا ھەقلىقراق بولغان بولاتتۇق، دېگەن بولىدۇ. (تەپسىلاتى ئۈچۈن فەتھۇلقەدىرگە قارالسۇن)

② بۇ يەردە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ﴿فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ﴾ «ئاللاھ يولىدا» دېگەندە جىھاد كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، بۇ ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان ساۋاب جىھادقا سەرپ قىلغان پۇل-مالنىڭ ساۋابى بولغان بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدا بارلىق خەيرلىك ئىشلار كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، بۇ ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان ساۋاب نەپلە سەدىقىلەرنىڭ ساۋابى بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا خەيرلىك ئىشلارنىڭ ساۋابى «بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى ئون ھەسسە

كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ» دېگەن تۈرگە كىرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بۇنىڭدىن نەپلە سەدىقىلەرنىڭ ئومۇمىي ساۋابىنىڭ باشقا خەيرلىك ئىشلارنىڭ ساۋابىدىن كۆپ بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پەزىلىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، قورال-ياراق ۋە باشقا جەڭ ئەسلىھەلىرى بولمىسا، جىھاد قىلغىلى بولمايدۇ، مۇجاھىدلارنىڭ خىزمىتىگىمۇ تەسىر يېتىدۇ، قورال-ياراق ۋە باشقا ئەسلىھەلەرنى يېتەرلىك ئىقتىساد بولمىسا تەييارلىغىلى بولمايدۇ.

ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ لَا يُتْبِعُونَ مَآ أَنفَقُوا۟ مَنًّا وَلَآ أَذًى لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٢٦٢﴾ ۞ قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَآ أَذًى ۗ وَٱللَّهُ غَنِىٌّ حَلِيمٌ ﴿٢٦٣﴾

***پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا (خاس) مۇكاپاتلار بار①. ئۇلارغا قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ [262]. ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈۋېتىش كەينىدىن ئەزىيەت ئەگىشىپ كېلىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر②. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سەدىقىسىگە) موھتاج ئەمەستۇر، گۇناھكارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر [263].***

① ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغاننىڭ مەزكۇر مۇكاپاتلىرى پېقىر-مىسكىنلەرگە خەير-ئېھسان قىلغاندىن كېيىن، مىننەت قىلمايدىغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن غېرىب-بىچارىلەرنى كەمسىتىدىغان، ئىززەت-نەپسىگە تېگىدىغان سۆزلەر چىقمايدۇ. چۈنكى مىننەت قىلىش شۇ قەدەر چوڭ گۇناھكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى بەرگەن نەرسىگە مىننەت قىلغان ئادەمدۇر.» (سەھىھ مۇسلىم 106-ھەدىس )

② ھاجەتمەنگە سىلىق مۇئامىلە قىلىش، چىرايلىق سۆز قىلىش ياكى (ئاللاھ ساڭىمۇ ۋە بىزگىمۇ ئۆز رەھمىتىدىن ئاتا قىلسۇن) دېگەندەك دۇئا ئىبارىسى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش «ياخشى سۆز»گە كىرىدۇ. «كەچۇرۇۋېتىش» دېگەن ھاجەتمەنىنىڭ نامراتلىقى ۋە ھاجىتىنى كىشىلەر ئالدىدا ئاشكارىلىماسلىق دېمەكتۇر. ئەگەر ھاجەتمەنىنىڭ ئاغزىدىن نالايىق سۆز چىقىپ كېتىپ قالسا، ئۇنى ئاڭلىماسقا سېلىشىمۇ يۇقىرىدىكى «كەچۇرۇش»سكە ياتىدۇ. يەنى ھاجەتمەنگە شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن يۇمشاق سۆز قىلىش، ئۇنىڭ ھاجىتىنى كىشىلەر ئالدىدا ئاشكارىلىماسلىق ۋە سەۋەنلىكىنى كەچۇرۇش بولسا سەدىقە-ئېھسان قىلغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئازار بېرىپ يۈزىنى چۈشۈرگەندىن ئەۋزەلدۇر. شۇڭا ھەدىستە «ياخشى سۆزمۇ سەدىقىدۇر» دېيىلگەن. (سەھىھ مۇسلىم، 1009-ھەدىس) يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىقتىن كىچىككىنە بىر ئىشنىمۇ سەل چاغلىما، ھەتتا قېرىندىشىڭ بىلەن ئوچۇق-چىراي كۆرۈشۈش چاغلىق ئىشنىمۇ.» (سەھىھ مۇسلىم، 2626-ھەدىس)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُبْطِلُواْ صَدَقَٰتِكُم بِٱلْمَنِّ وَٱلْأَذَىٰ كَٱلَّذِى
يُنفِقُ مَالَهُۥ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ ۖ فَمَثَلُهُۥ
كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُۥ وَابِلٌ فَتَرَكَهُۥ صَلْدًا ۖ لَّا
يَقْدِرُونَ عَلَىٰ شَىْءٍ مِّمَّا كَسَبُواْ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٦٤﴾
وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمُ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ ٱللَّهِ وَتَثْبِيتًا مِّنْ
أَنفُسِهِمْ كَمَثَلِ جَنَّةٍۭ بِرَبْوَةٍ أَصَابَهَا وَابِلٌ فَـَٔاتَتْ أُكُلَهَا ضِعْفَيْنِ
فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٦٥﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشىگە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا - چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق***

***يامغۇردىن كېيىن يۇيۇلۇپ (بۇرۇنقىدەك بولۇپ) كەتكەن سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ①. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [264]. پۇل ـ ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلىگەن ۋە (ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە) چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەن ھالدا سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا، مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولالمىسا، شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى ھەر ئىككى ھالەتتە مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ (دېمەك، بۇنداق خەير ـ ساخاۋەتلىك ئادەملەر پۇل ـ مېلى كۆپ بولسا، كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا، ئازغا يارىشا بېرىدۇ)②. ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [265].***

① بۇ ئايەتتە ئىككى مۇھىم نۇقتا بايان قىلىندى: بىرىنچى، سەدىقە ۋە خەير-ئېھسان قىلغاندىن كېيىن مىننەت قىلىش مۇئمىننىڭ سۈپىتى ئەمەس، بەلكى مۇناپىق، رىياكار كىشىلەرنىڭ سۈپىتىدۇر. ئىككىنچى، رىياكارلىق بىلەن قىلغان خەير-ئېھساننىڭ مىسالى خۇددى ئۈستىگە توپا-چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. دېمەك ئۇ توپا-چاڭنىڭ تاشقا پايدىسى بولمىغاندەك، رىياكار كىشىلەرگىمۇ قىلغان سەدىقىسىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ، ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

② بۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ پۇل-مال سەرپ قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ مىسالىدۇر. ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان پۇل-مېلى يەر يۈزىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تۈپتۈز يەردىكى باغقا ئوخشايدۇ. ئۇ باغ قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا، مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق يامغۇر ياغمىسا ياكى سۇ كەلمىسە، ئازراق شەبنەمدەك ھۆلمۇ ئۇنىڭغا يېتەرلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك مۇئمىننىڭ خەير-ئېھسانىمۇ مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نەچچە ھەسسە ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ﴿جَنَّةٍ﴾ دېگەن دەرەخلىرىنىڭ كۆپلىكى ئەتراپىنى قاپلىغان جاي ياكى تۆت تەرىپى توسالغان تامنىڭ ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان باغ دېمەكتۇر. بۇ سۆز ئەرەبچە "جِنٌّ" دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، جىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان

مەخلۇقنىڭ نامىدۇر. قوساقتىكى بالىمۇ كۆزگە كۆرۈنمىگەنلىكتىن "جَنِيْنٌ" دەپ ئاتىلىدۇ. ساراڭمۇ ئەقلىگە پەردە يېپىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن " مَجْنُوْنٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. جەننەتمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ﴿رَبْوٌ﴾ ئېگىز جاي، ﴿وَابِلٌ﴾ قاتتىق يامغۇر دېمەكتۇر.

أَيَوَدُّ أَحَدُكُمْ أَن تَكُونَ لَهُۥ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ لَهُۥ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَأَصَابَهُ ٱلْكِبَرُ وَلَهُۥ ذُرِّيَّةٌ ضُعَفَآءُ فَأَصَابَهَآ إِعْصَارٌ فِيهِ نَارٌ فَٱحْتَرَقَتْ ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٦٦﴾

***ئاراڭلاردىن خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى تېپىلىدىغان بىر بېغى بار بىرەيلەن ئۆزى قېرىپ قالغان، باللىرى تېخى كىچىك چاغدا، بۇ باغنىڭ بىر قارا بوران ئېلىپ كەلگەن ئوت ئۇچقۇنىدا كۆيۈپ كېتىشىنى ياقتۇرامدۇ؟① سىلەرنىڭ پىكرى يۈرگۈزۈشۈڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى مۇشۇنداق (گۈزەل مىسال بىلەن) بايان قىلىدۇ (يەنى پۇل - مېلىنى رىيا ئۈچۈن سەرپ قىلغان ياكى باشقىلارنى رەنجىتىپ، مىننەت قىلىپ، سەرپ قىلغان ئادەم ساۋابقا ئەڭ موھتاج تۇرۇقلۇق يوقىتىپ قويغان ئادەمگە ئوخشاشتۇر) [266].***

① بۇ ئايەتتە رىياكارلىقنىڭ زىيىنىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقىچە مىسال كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. رىياكارنىڭ ھالى شۇنداق بىر شەخسنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ ھەرخىل مېۋىلىرى بولغان بىر بېغى بار (يەنى ئۇنىڭدىن تولۇق مول-ھوسۇل ئېلىش ئېھتىمالى كامىل)، ئۇ ئۆزى قېرىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىك بالا-چاقىلىرى بار (يەنى ئۆزىمۇ ئاجىز، ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر ئىش قىلالمايدىغان ھالەتتە، باللىرىمۇ كىچىك بولغانلىقتىن قېرىپ قالغان دادىسىغا ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ھالەتتە)، مۇشۇ ھالەتتە ئوت ئارىلاش قاتتىق شامال كېلىپ ئۇنىڭ بېغىنى

كۆيدۈرۈۋەتكەن، ئەمدى ئۇ شەخسنىڭ نە بالا-چاقىلىرىنىڭ بۇ باغنى قايتا يېتىشتۈرۈشكە قۇربى يەتمىگەن، ئۇ باغقا ناھايىتى ئېھتىياجلىق چاغدا، باغنىڭ مېۋىسى كۆيۈپ كېتىپ، باغقا سىڭدۈرگەن ئەجرى بىكار بولۇپ كەتكەن. قىيامەت كۈنى رىياكارلىق بىلەن پۇل-مال سەرپ قىلغانلارنىڭ ھالىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مۇناپىقلىق ۋە رىياركارلىق سەۋەبىدىن ئۇ ياخشى ئەمەللەرگە قاتتىق ئېھتىياج بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. قايتا ياخشى ئەمەل قىلىۋېلىشقا پۇرسەت بولمايدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتىدۇكى، سىلەر ئەھۋالىڭلارنىڭ مۇشۇنداق بولىشىنى خالامسىلەر؟

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەزكۇر ئايەت ھەققىدە سورىغان سوئالىغا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جاۋاب بېرىپ دېدىكى: «بۇ شۇنداق بىر كىشى ئۇچۈن مىسالدۇركى، ئۇ ئۆمۈر بويى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بولغان، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا شەيتاننى ئەۋەتسە (ئۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ) يامان ئىشلارنى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرى بىكار بولۇپ كەتكەن.» (سەھىھۇل بۇخارى 4538-ھەدىس، شەۋكانىينىڭ فەتھۇلقەدىر تەپسىرى ۋە تەپسىر ئىبنى جەرىر تەبەرى)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا كَسَبۡتُمۡ وَمِمَّآ
أَخۡرَجۡنَا لَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِۖ وَلَا تَيَمَّمُواْ ٱلۡخَبِيثَ مِنۡهُ تُنفِقُونَ
وَلَسۡتُم بِـَٔاخِذِيهِ إِلَّآ أَن تُغۡمِضُواْ فِيهِۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ (٢٦٧)
ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلۡفَقۡرَ وَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ وَٱللَّهُ يَعِدُكُم
مَّغۡفِرَةٗ مِّنۡهُ وَفَضۡلٗاۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ (٢٦٨) يُؤۡتِي ٱلۡحِكۡمَةَ مَن
يَشَآءُۚ وَمَن يُؤۡتَ ٱلۡحِكۡمَةَ فَقَدۡ أُوتِيَ خَيۡرٗا كَثِيرٗاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ
أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ (٢٦٩)

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر (ھالال كەسىپ بىلەن) قولغان كەلتۈرگەن ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار① .***

*(سىلەرگە بېرىلسە) كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالمىساڭلار ئالغۇڭلار كەلمەيدىغان ناچارلىرىنى سەدىقە قىلىشقا ئۇرۇنماڭلار②. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقىگە) موھتاج ئەمەستۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر [267]. شەيتان سىلەرگە پېقىرلىق بىلەن تەھدىت سالىدۇ③، سىلەرنى يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن مەغپىرەتنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھ (نىڭ مەرھەمىتى ۋە مەغپىرىتى) كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [268]. ئاللاھ ھېكمەتنى (ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ④. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ [269].*

① (ئالدىنقى ئايەتتە بايان قىلىنغىنى بويىچە) سەدىقىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مىننەت، ئەزىيەت ۋە رىيادىن پاك بولۇشى زۆرۈر بولغاندەك، ئۇنىڭ توغرا كەسىپ بىلەن تاپقان ھالال پۇل ـ مال بولۇشىمۇ ناھايىتى زۆرۈردۇر. مەيلى ئۇ تىجارەت، مۇلازىمەت ۋە ھۈنەر قىلىپ تاپقان پۇل ـ مال بولسۇن ياكى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك قىلىپ تاپقان پۇل ـ مال بولسۇن، مۇھىمى پاك بولۇشى زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿ناچارلىرىنى سەدىقە قىلىشقا ئۇرۇنماڭلار﴾ دېدى، بۇ يەردىكى ﴿الْخَبِيثَ﴾ «ناچار»نىڭ بىر مەنىسى، ناتوغرا يوللار بىلەن تاپقان پۇل ـ مال دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھەدىستە: «ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پەقەت پاك (ھالال) نەرسىلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ.» دېيىلگەن. ﴿الْخَبِيثَ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى، ناچار، قىممىتى يوق، ناپاك نەرسە دېمەكتۇر، ئۇنداق نەرسە ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلىنماسلىقى كېرەك. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾. (سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). بۇ ئايەت مەدىنىدىكى بىر قىسىم ئەنسارلار ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار ناچار پۇچەك خورمىلارنى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن مەسجىدكە ئەكىرىپ قوياتتى، شۇنىڭغا قارىتا بۇ ئايەت نازىل بولدى. (فەتھۇلقەدىر، سۈنەنى تىرمىزى 2987 ـ ھەدىسكە قارالسۇن)

② يەنى سىلەر ئۇزۇڭلار ناچار نەرسىلەرنى ئېلىشنى ياقتۇرمىغاندەك، ئاللاھنىڭ يولىدىمۇ پەقەت ياخشى نەرسىلەرنىلا سەرپ قىلىڭلار.

③ يەنى ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلماقچى بولغان ئادەمنى شەيتان نامرات بولۇپ قالىسەن، موھتاج بولۇپ قالىسەن دەپ قورقىتىدۇ، لېكىن گۇناھ ئىشلارغا پۇل خەجلەيدىغان چاغدا بۇنداق ئەندىشىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ، بەلكى ئاشۇ گۇناھ ئىشلارنى چىرايلىق ۋە توغرا قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ھەمدە ئۇنداق ئىشلارغا ئىنساننىڭ جىم ياتقان ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى ئويغۇتۇپ، شۇ قەدەر رىغبەتلەندۇرىدۇكى، ئىنسان تۈيماستىن ناھايىتى كۆپ پۇل خەجلىۋېتىدۇ. بۇنداق ئازغان ئادەمنىڭ ئالدىغا مەسجىد ياكى مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن ياكى باشقا بىر خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن ئىئانە توپلايدىغانلار كەلسە، بىر-ئىككى يۈز سومنى بېرىشتە نەچچە قېتىم ئويلىشىپ، ئۇلارنى بىر نەچچە قېتىم كېلىپ-كەتكىلى سالىدۇ. لېكىن بۇ ئادەم كىنو، تېلېۋىزور، ھاراق، قىمار ۋە ھاۋايى-ھەۋەس يوللىرىغا پۇللىرىنى ئايىماي خەجلەيدۇ، بۇنداق چاغدا ئويلىشىپ ئولتۇرمايلا تەرەددۇتسىز قولىنى يانچۇقىغا سوزىدۇ.

④ بۇ يەردىكى «ھېكمەت»نى بەزى مۇپەسسىرلەر ئەقىل، ئىلىم، پەم-پاراسەت دەپ تەپسىر قىلسا، بەزىلەر ئۇنى توغرا پىكىر قىلىش، قۇرئاندىكى ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەتنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى، قارار چىقىرىش ماھارىتى دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇ قۇرئان-سۈننەت ئىلمىنىلا كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەزكۇر مەنىلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمەن ھېكمەتنىڭ مەنە دائىرىسىگە كىرىدۇ، دەپ قارايدىغانلارمۇ مەۋجۇت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەقەت ئىككى خىل كىشىگە ھەسەت قىلىش جايىز بولىدۇ. بىرى ئاللاھ ھېكمەت ئاتا قىلغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئۇنى كىشىلەرگە تەلىم بېرىدۇ. يەنە بىرى ئاللاھ مال-مۈلۈك ئاتا قىلغان كىشى بولۇپ، ئۇ مال-مۈلكىنى ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 73-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 815-ھەدىس)

مَآ أَنفَقْتُم مِّن نَّفَقَةٍ أَوْ نَذَرْتُم مِّن نَّذْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُهُۥ ۗ وَمَا

لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ أَنصَارٍ ﴿٢٧٠﴾ إِن تُبۡدُواْ ٱلصَّدَقَٰتِ فَنِعِمَّا هِيَۖ وَإِن
تُخۡفُوهَا وَتُؤۡتُوهَا ٱلۡفُقَرَآءَ فَهُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۚ وَيُكَفِّرُ عَنكُم مِّن
سَيِّـَٔاتِكُمۡۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿٢٧١﴾

***نېمىنى خەير - ساخاۋەت قىلساڭلار ياكى (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلساڭلار①، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ. (پۇل - مېلىنىڭ زاكىتىنى بەرمەي ياكى ئۇنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارغا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ [270]. سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر②. بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [271].***

① ﴿نَذۡرٍ﴾نىڭ مەنىسى مېنىڭ پالانى ئىشىم ھەل بولسا ياكى پالانى مۇشكۇلاتتىن خالاس بولسام، ئاللاھنىڭ يولىدا مۇنچىلىك سەدىقە قىلىمەن، دەپ ئۆزىگە ۋەدە قىلىش دېمەكتۇر. بۇ ۋەدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم كېلىدۇ. ئەگەر بىرەر گۇناھ بولىدىغان ئىشنى قىلىشقا نەزىر قىلغان يەنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم كەلمەيدۇ. بۇ نەزىرمۇ ناماز-روزىغا ئوخشاش ئىبادەتتۇر، ئاللاھنىڭ نامىدىن باشقا ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىر قىلىش شۇ شەخسكە ئىبادەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، بۇ شېرىك ئەمەلدۇر. بۈگۈنكى كۈندە مەشھۇر مازارلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىش ئومۇملىشىپ كەتتى. ئاللاھ بىزنى ئاشۇنداق شېرىك ئەمەلدىن ساقلىسۇن. ئامىن.

② بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، باشقىلارنى سەدىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلغان ئەھۋالدىن باشقا ئەھۋاللاردا ئومۇمەن مەخپىي سەدىقە قىلىش ئەۋزەلدۇر. ئەگەر رىياكارلىق ئارىلاشمىسا، باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرىدىغان سورۇندا سەدىقە قىلغۇچىلار ئاللاھتا كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋاللاردا مەخپىي سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى يۇقىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمايدىغان

قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۆز سايىسى ئاستىغا ئالىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەم بار، ئۇلارنىڭ بىرى ئوڭ قولى نېمىنى بەرگەنلىكىنى سول قولى بىلمەي قالغىدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە بەرگەن كىشىدۇر.» بەزى ئۆلىمالار سەدىقىنى مەخپىي بېرىشنىڭ پەزىلىتىنى نەپلە سەدىقىلەرگە خاس دەپ ئېلىپ، پەرز زاكاتنى ئاشكارا بېرىش ئەۋزەل دەپ قارايدۇ، لېكىن قۇرئان كەرىمدىكى ئومۇمىي شەكىلدە كەلگەن ئايەت پەرز ۋە نەپلە سەدىقىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ھەدىستىكى ئومۇملۇقمۇ بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.

۞ لَّيۡسَ عَلَيۡكَ هُدَىٰهُمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهۡدِي مَن يَشَآءُۗ وَمَا تُنفِقُواْ
مِنۡ خَيۡرٖ فَلِأَنفُسِكُمۡۚ وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ٱبۡتِغَآءَ وَجۡهِ ٱللَّهِۚ وَمَا
تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ يُوَفَّ إِلَيۡكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تُظۡلَمُونَ ٢٧٢ لِلۡفُقَرَآءِ
ٱلَّذِينَ أُحۡصِرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا يَسۡتَطِيعُونَ ضَرۡبٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ
يَحۡسَبُهُمُ ٱلۡجَاهِلُ أَغۡنِيَآءَ مِنَ ٱلتَّعَفُّفِ تَعۡرِفُهُم بِسِيمَٰهُمۡ لَا يَسۡـَٔلُونَ
ٱلنَّاسَ إِلۡحَافٗاۗ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ٢٧٣

***(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. پۇل ـ مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. سىلەر خەير ـ ساخاۋەتنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىڭلار (يەنى خەير ـ ساخاۋەت قىلغاندا ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار). پۇل ـ مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ساۋابى سىلەرگە تولۇق بېرىلىدۇ①، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ) [272]. (خەير ـ ساخاۋەت) ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (شۇڭا تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا قىلىنىشى كېرەك②. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار***

***ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنى بايمىكىن دەپ قالىدۇ، ئۇلارنى (يەنى نامراتلىقىنى) تۇرقىدىن بىلىۋالالايسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ③. پۇل ـ مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ساخاۋەت قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ [273].***

① تەپسىرگە ئائىت ھەدىسلەردە بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى مۇنداق بايان قىلىنغان: مۇسۇلمانلار مۇشرىكلاردىن بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ماددىي ياردەم بېرىشنى خاتا دەپ قارايتتى ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى خالايتتى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ، بېرىنچىدىن، ھىدايەتكە باشلاشنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئىككىنچىدىن، سىلەر ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ نېمىنى سەدىقە قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئەجرى تولۇق بېرىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن مۇسۇلمان بولمىغان ئۇرۇق-تۇققانلارغا سىلە-رەھىم قىلىشقىمۇ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ئايان بولدى. سۈرە تەۋبىنىڭ 60-ئايىتىدىمۇ ﴿دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا﴾ زاكات بېرىشكە بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

② بۇلار مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ۋە ئاللاھ يولىدا ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغان مۇھاجىرلارنى كۆرسىتىدۇ. دىنىي ئىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان تالىپلار ۋە ئۆلىمالارمۇ مۇشۇ تۈردىكى يوقسۇللار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

③ مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى شۇكى، پېقىر ۋە كەمبەغەل تۇرۇپمۇ، ئۆزلىرىنى پاك تۇتۇش يۈزىسىدىن نەرسە تىلىمەيدۇ، كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ بىر نەرسە سورىمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿اِلْحَافْ﴾ نىڭ مەنىسىنى پەقەت نەرسە سورىماسلىق دەپ بايان قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سۈپىتى ئۆزىنى پاك تۇتۇش يۈزىسىدىن نەرسە تىلىمەسلىكتۇر. (فەتھۇلقەدىر) بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇلار بىر نەرسە سورىغاندا چىڭ چاپلىشىۋالمايدۇ، ئۆزلىرى موھتاج بولمىغان نەرسىلەرنى كىشىلەردىن سورىمايدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى. چۈنكى ﴿اِلْحَافْ﴾-زۆرۈر ئېھتىياجى بولمىسىمۇ (تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋېلىپ) كىشىلەردىن نەرسە سوراش دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇقۇم ھەدىسلەردە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: «بىر-ئىككى تال خورما، بىر-ئىككى لوقما تائام، بىر-ئىككى چىشلەم نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆيمۇ-ئۆي ئايلىنىپ يۈرۈپ تىلەيدىغان كىشى ھەقىقىي مىسكىن ئەمەس، ھەقىقىي مىسكىن دېگەن ئۇيالغانلىقتىن كىشىلەردىن بىر نەرسىمۇ سورىمايدىغان كىشىدۇر» دېگەندىن كېيىن ﴿كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان. (سەھىھۇل بۇخارى 4539-، 1476-ھەدىس) شۇنىڭ ئۈچۈن كەسپىي تىلەمچىلەرگە ياردەم قىلغاننىڭ ئورنىغا، كىشىلەردىن نەرسە تىلىيەلمەيدىغان مۇھاجىرلار، دىنىي ئوقۇغۇچىلار، ئۆلىمالار ۋە ھاجەتمەنلەرنى ئىزدەپ-سوراپ ياردەم قىلىش كېرەك. چۈنكى كىشىلەرگە قولىنى سۇنۇپ، نەرسە سوراش ئىنساننىڭ ئىززەت-نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان ۋە تەبىئىتى كۆتۈرمەيدىغان ئىشتۇر. باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(ئاشلىق سېتىۋالغىدەك) پۇلى بار تۇرۇپ كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىغان ئادەمنىڭ يۈزىدە قىيامەت كۈنى جاراھەت بولىدۇ.» (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 1626-، سۈنەنى نەسائى 2593-، سۈنەنى ئىبنى ماجە 1840-، سۈنەنى تىرمىزى 650-ھەدىس) يەنە بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: «داۋاملىق كىشىلەردىن بىر نەرسە سورايدىغانلارنىڭ يۈزىدە قىيامەت كۈنى گۆش بولمايدۇ» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى، 1474-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم، 1040-ھەدىس)

ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُم بِٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ سِرًّا وَعَلَانِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٢٧٤﴾ ٱلَّذِينَ يَأْكُلُونَ ٱلرِّبَوٰاْ لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ ٱلَّذِى يَتَخَبَّطُهُ ٱلشَّيْطَٰنُ مِنَ ٱلْمَسِّ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوٓاْ إِنَّمَا ٱلْبَيْعُ مِثْلُ ٱلرِّبَوٰاْ ۗ وَأَحَلَّ ٱللَّهُ ٱلْبَيْعَ وَحَرَّمَ ٱلرِّبَوٰاْ ۚ فَمَن جَآءَهُۥ مَوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ فَٱنتَهَىٰ فَلَهُۥ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ ۖ وَمَنْ عَادَ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٧٥﴾

*پۇل-ماللىرىنى كېچە-كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن*

***ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير ـ ساخاۋەت قىلىدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى رەببىنىڭ دەرگاھىدا تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ [274]. جازانە① يەيدىغانلار (ئاخىرەتتە قەبرىلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ②. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ھارامنى ھالال ساناپ): «سودا ـ سېتىق پەقەت جازانىگە ئوخشاشتۇر (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟ جازانىدا زىيادە ئېلىش بولغاندەك سودا ـ سېتىقتىمۇ زىيادە ئېلىش بار)»③ دېدى. (ھالبۇكى) ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. كىمكى رەببى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن) جازانە قىلىشتىن يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ④، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ⑤. كىمكى (جازانىخورلۇققا) قايتىدىكەن، مۇنداقلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ [275].***

① ﴿ الرِّبٰوا﴾ نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى زىيادە بولماق، ئۆسمەك، ئاشماق. شەرىئەت ئاتالغۇسىدا ئىككى تۈرلۈك مۇئامىلە: " رِبَا الْفَضْلِ " ئوخشاش تۈردىكى نەرسىنى ئالماشتۇرۇش ۋە " رِبَا النَّسِيْئَةِ " نەخ-نېسى ۋە كېچىكتۈرۈش سەۋەبىدىن ئېرىشىدىغان نەرسە ﴿ الرِّبٰوا﴾ جازانە دېيىلىدۇ.

" رِبَا الْفَضْلِ " ئالتە خىل نەرسىنى ئالماشتۇرغاندا كەم بېرىشتە (ياكى مىترلاپ ۋە ئۆلچەپ بېرىدىغان نەرسىلەردە)، نەخ ۋە نېسى بولغان قەرز مۇئامىلىدىكى كەم بېرىشتە جازانە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەدىستە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. مەسىلەن: بۇغداي بىلەن بۇغداينى ئالماشتۇرماقچى بولسا، بىرىنچىدىن، ھەر ئىككىسى ھەر جەھەتتىن ئوخشاش ۋە باراۋەر بولۇش لازىم. ئىككىنچىدىن: قولدىن قولغا نەخ بېرىش لازىم. مۇشۇ خىل ئالماشتۇرۇشتا كەم بەرسە جازانە قىلغان بولىدۇ. يەنە مۇشۇ خىل ئالماشتۇرۇشتا «قولدىن قولغا» نەخ بەرمەي نېسى قىلسا، بىرى نەخ بېرىپ، يەنە بىرى نېسى قىلسا ياكى ھەر ئىككىسى نېسى قىلسىمۇ جازانە قىلغان بولىدۇ.

"رِبَا النَّسِيْئَةِ"نىڭ مىسالى، بىرسىگە ئالتە ئايلىق مۇددەت بىلەن يۈز

سوم قەرز بېرىلگەن بولسا، ئالتە ئايدىن كېيىن 125 سوم قايتۇرۇشنى شەرت قىلغان بولسا، يەنى ئالتە ئايغا 25 سوم قوشۇپ ئالغان بولسا، بۇ خىل جازانە " رِبَا النَّسِيْئَةِ " دېيىلىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ بىر سۆزى بۇ نۇقتىنى ئوچۇق چۈشەندۈرىدۇ: «قەرز ئارقىلىق ئېرىشكەن ھەر قانداق پايدا جازانىدۇر.» (فەيزۇلقەدىر شەرھى جامى سەغىر 5-توم، 28-بەت) مەيلى بۇ شەخسىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئالغان قەرز بولسۇن ياكى تىجارەت ئۈچۈن ئالغان قەرز بولسۇن، ھەر ئىككى قەرزدىن ئالغان پايدا (جازانە، ئۆسۈم) ھارامدۇر.

جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ مۇشۇنداق ئىككى خىل قەرز بار ئىدى، ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ھەر ئىككىسى مۇتلەق ھارام قىلىندى، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كىشىلەر تىجارەت ئۈچۈن ئېلىنغان (ئادەتتە بانكىدىن ئېلىنىدىغان) قەرزگە ئۆسۈم تۆلەش جازانىغا كىرمەيدۇ، چۈنكى قەرز ئالغۇچى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ، ئالغان پايدىنىڭ بىر قىسمىنى بانكىغا ياكى پۇل ئىگىسىگە بەرسە نېمە يامىنى؟ دەيدۇ، ئۇنىڭ يامىنى جازانىنى جايىز قىلماقچى بولغانلارغا كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى، زىيىنىنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلىدۇ. مەسىلەن: قەرز ئېلىپ تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ پايدا ئېلىش-ئالماسلىقى ئېنىق ئەمەس، ھەتتا دەسمايىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، بەزىدە تىجارەتتە زىيان تارتىپ، پۈتۈن دەسمايىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، ئەمما قەرز بەرگۈچىگە (مەيلى ئۇ شەخس بولسۇن ياكى بانكا بولسۇن) قايتۇرىدىغان پايدا ئالدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ زۇلۇم ئىكەنلىكى شۇ قەدەر ئېنىق تۇرسا، ئىسلام شەرىئىتى ئۇنىڭغا قانداقمۇ رۇخسەت قىلسۇن؟ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام شەرىئىتى مۆئمىنلەرنى جەمئىيەتتىكى ھاجەتمەنلەرگە غەرەزسىز ۋە ماددىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەي ياردەم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن جەمئىيەتتە قېرىنداشلىق، بۇرادەرلىك، خەيرخاھلىق، ئۆز-ئارا ياردەملىشىش، مېھىر-شەپقەت ۋە مۇھەببەت ئومۇملىشىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا جازانە كۆپىيىپ كەتكەن جەمئىيەتتە رەھىمسىزلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك ئەۋج ئالىدۇ.

جەمئىيەتتە نامراتلىق، كېسەللىك، ئاچارچىلىق كۆپ بولۇپ، ئىشسىزلار ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدىغان ھالەت شەكىللىنىشىمۇ، بىر

قىسىم مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئۆز تىجارىتىدىن ئالىدىغان پايدا ھەممىدىن مۇھىم كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شەرىئەت بۇنداق بەختسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىككە قانداقمۇ يول قويسۇن؟ جازانىنىڭ يەنە نۇرغۇن زىيانلىرى بار بولۇپ، ھەممىنى بۇ يەردە تەپسىلى بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. مەيلى شەخسىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئېلىنغان قەرزنىڭ ئۆسۈمى بولسۇن ياكى تىجارەت ئۈچۈن ئېلىنغان قەرزنىڭ ئۆسۈمى بولسۇن، ھەممىسى مۇتلەق ھارامدۇر.

② جازانىخور قەبرىدىن تىرىلىپ قوپقاندا ياكى مەھشەرگاھتا شۇنداق ھالەتكە دۇچار بولىدۇ.

③ ھالبۇكى، سودا-سېتىقتا نەخ پۇلغا باشقا بىر نەرسىنى ئالماشتۇرىدۇ، يەنە بۇنىڭدا پايدا-زىيان ئىمكانىيىتى بولىدۇ، ئەمما جازانىدە بۇ ئىككى خىل ئەھۋال بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا سودا-سېتىقنى ھالال قىلغان، جازانىنى ھارام قىلغان تۇرسا، بۇ ئىككىسى قانداقمۇ ئوخشاش بولسۇن؟

④ ئىمان ئېيتقان ياكى جازانىدىن تەۋبە قىلغان ئادەم ئىلگىرىكى جازانىخورلىقى ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدۇ.

⑤ يەنى ئۇ ئادەم تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرامدۇ ياكى نىيىتىنى يامان قىلىپ، ۋاقتى كەلگەندە تەۋبە قىلارمەن دەپ، ئىشنى قىلىۋېرەمدۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا قارايدۇ. بۇ جازانىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە جازانىخورلۇق قىلغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ
أَثِيمٍ ﴿٢٧٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ
وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ
يَحۡزَنُونَ ﴿٢٧٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ مِنَ
ٱلرِّبَوٰٓاْ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٢٧٨﴾ فَإِن لَّمۡ تَفۡعَلُواْ فَأۡذَنُواْ بِحَرۡبٖ مِّنَ
ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَإِن تُبۡتُمۡ فَلَكُمۡ رُءُوسُ أَمۡوَٰلِكُمۡ لَا تَظۡلِمُونَ وَلَا

تُظۡلَمُونَ ﴿٢٧٩﴾ وَإِن كَانَ ذُو عُسۡرَةٖ فَنَظِرَةٌ إِلَىٰ مَيۡسَرَةٖۚ وَأَن تَصَدَّقُواْ
خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٢٨٠﴾

*ئاللاھ جازانىنى (بەرىكەتسىز، پايدىسىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان پۇلنى) ئۆچۈرۈۋېتىدۇ (تۈزۈتۈۋېتىدۇ)، سەدىقىنىڭ (ئۆستۈرۈپ، پايدىسىنى، بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىپ بېرىدۇ① . ئاللاھ ھەرقانداق تۇزكور (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ [276]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا تولۇق مۇكاپات بار. ئۇلاردا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ [277]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) تىن قورقۇڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار [278]. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى (سىلەرگە قارشى) ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ② ، ئەگەر (جازانىدىن قول يىغىپ) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار سىلەر ئۇۋال قىلمىغان ۋە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىمىغان ھالدا ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ (يەنى سىلەر باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر)③ [279]. ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە مۆھلەت بېرىڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر④ [280].*

① بۇ ئايەت جازانىنىڭ مەنىۋى زىيىنى ۋە سەدىقىدىكى بەرىكەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. جازانىخورلۇق قىلىشتىن پۇل-مال كۆپەيگەندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن ياكى نەتىجە ئېتىبارى جەھەتتىن ۋەيرانچىلىققا ۋە ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ھازىر ياۋروپا ئىقتىسادشۇناسلىرىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى.

② بۇ ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن بۇ قەدەر قاتتىق تەنبىھ بېرىلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ئىسلام مەملىكىتىدە كىمكى جازانىخورلۇقنى داۋاملاشتۇرسا، خەلىپە ئۇنى گۇناھىدىن يېنىپ، تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇ (جازانىخورلۇقتىن) يانسا، ياخشى ئىشقا كەلگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ جازانىخورلۇقتىن يانمىسا، خەلىپە ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ.» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ ئەگەر سىلەر بەرگەن ئەسلي قەرزدىن ئارتۇق ئالساڭلار، سىلەر باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان بولىسىلەر، ئەگەر سىلەرگە ئەسلي قەرزمۇ بېرىلمىسە، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنغان بولىدۇ.

④ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نىزامدا قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا، ئۆسۈمگە ئۆسۈم قوشۇلاتتى، شۇ سەۋەبتىن ئاز قەرز كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ، قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىغۇدەك دەرىجىگە يېتەتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىسلام نىزامى بويىچە ئەمىر قىلىنىۋاتىدۇكى، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغان كىشىدىن ئۆسۈم ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەسلي قەرزنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىمۇ، پۇل تېپىپ قەرزنى قايتۇرغىچە مۆھلەت بېرىڭلار، ئەگەر قەرزنى پۈتۈنلەي كەچۈرىۋەتسەڭلار، تېخىمۇ ياخشىدۇر. ھەدىسلەردىمۇ قەرزنى كەچۈرىۋېتىشنىڭ كۆپ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇ ئىككى نىزامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە دېگەن چوڭ ھە؟ بىرى ئوچۇق ئاشكارا زۇلۇم، رەھىمسىزلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان نىزام؛ يەنە بىرى ئۆزئارا مېھىر-شەپقەت، ياردەم ۋە خەيرخاھلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان نىزام. مۇسۇلمانلار بۇ بەرىكەتلىك، رەھىم-شەپقەتلىك ئىلاھىي نىزامغا ئۆزلىرى ئەمەل قىلمىسا، بۇنىڭدا ئىسلامنىڭ نېمە كەمچىلىكى بار؟ ئۇلار ئۆزلىرى ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا بوھتان قىلىشى توغرىمۇ؟ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسىنى چۈشىنەلىگەن، ئۆزلىرىنىڭ ھايات نىزامىنى شۇنىڭغا مۇۋاپىق مۇستەھكەملىيەلىگەن بولسىچۇ كاشكى.

وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ

وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٢٨١﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيۡنٍ إِلَىٰٓ
أَجَلٖ مُّسَمّٗى فَٱكۡتُبُوهُۚ وَلۡيَكۡتُب بَّيۡنَكُمۡ كَاتِبُۢ بِٱلۡعَدۡلِۚ وَلَا يَأۡبَ
كَاتِبٌ أَن يَكۡتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ ٱللَّهُۚ فَلۡيَكۡتُبۡ وَلۡيُمۡلِلِ ٱلَّذِي عَلَيۡهِ
ٱلۡحَقُّ وَلۡيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥ وَلَا يَبۡخَسۡ مِنۡهُ شَيۡـٔٗاۚ فَإِن كَانَ ٱلَّذِي عَلَيۡهِ
ٱلۡحَقُّ سَفِيهًا أَوۡ ضَعِيفًا أَوۡ لَا يَسۡتَطِيعُ أَن يُمِلَّ هُوَ فَلۡيُمۡلِلۡ وَلِيُّهُۥ
بِٱلۡعَدۡلِۚ

***سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈندىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىم قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)① [281]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز مۇئامىلىسى (ياكى نېسى سودا) قىلىشساڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار②، ئاراڭلاردىكى بىر پۈتۈكچى ئۇنى (كەم - زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن، پۈتۈكچى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى رەت قىلمىسۇن، (ھەممىنى ئەينەن) يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم③ (پۈتۈكچىگە ئەينەن) ئېيتىپ بەرسۇن، (قەرزدار) پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق (يەنى گالۋاڭ، ئەقلىسىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز (كەم ئەقىل، كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى) بولسا ۋەياكى (گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن) ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئەھۋالدا بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن (ئېيتىپ بېرىپ) يازدۇرسۇن،***

① بەزى ئەسەرلەردە بۇنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئايەت چۈشۈپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقى بايان

قىلىنىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② جازانىخورلۇق قاتتىق چەكلەنگەن، سەدىقە ۋە خەير-ئېھسان ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە قەرز ئېلىش-بېرىش زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىدۇ، چۈنكى ئۆسۈم ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ساقلىنىدۇ. ھەربىر شەخس سەدىقە ۋە خەير-ئېھسان قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، شۇنىڭدەك ھەربىر شەخس سەدىقە ئېلىشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى ئۈچۈن قەرز ئېلىشتىن باشقا يول قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ھەدىسلەردە قەرز بېرىپ تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان. ھەر ھالدا قەرز ئېلىش-بېرىش تۇرمۇشتا بولمىسا بولمايدىغان بىر زۆرۈرىيەت. قەرز مۇئامىلىسىدە بىپەرۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جېدەل-ماجىرالارغا سەۋەب بولۇپمۇ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ «قەرز ئايىتى» دەپ ئاتالغان قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇزۇن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا جېدەللىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قەرزگە ئالاقىدار مۇنداق ئۈچ مۇھىم ھۆكۈمنى بايان قىلدى: بىرىنچى، قەرزنىڭ مۇددىتىنى بەلگىلەڭلار. ئىككىنچى، ھۆججەت يېزىپ قويۇڭلار. ئۈچىنچى، ئۇنىڭغا ئىككى مۇسۇلمان ئەر ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايالنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار.

③ بۇنىڭدا قەرزدار كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى قەرزنىڭ مىقدارىنى ھۆججەت پۈتۈكچىگە توغرا ئېيتىپ بەرسۇن، كەم ئېيتمىسۇن! ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئاجىز، ساراڭ ياكى كىچىك بالا بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ۋەلىيسى ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن، مۇشۇ تەرىقىدە ھەق ئىگىسىگە (قەرز بېرىپ تۇرغۇچىغا) زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن.

وَٱسۡتَشۡهِدُواْ شَهِيدَيۡنِ مِن رِّجَالِكُمۡۖ فَإِن لَّمۡ يَكُونَا رَجُلَيۡنِ
فَرَجُلٞ وَٱمۡرَأَتَانِ مِمَّن تَرۡضَوۡنَ مِنَ ٱلشُّهَدَآءِ أَن تَضِلَّ إِحۡدَىٰهُمَا
فَتُذَكِّرَ إِحۡدَىٰهُمَا ٱلۡأُخۡرَىٰۚ وَلَا يَأۡبَ ٱلشُّهَدَآءُ إِذَا مَا دُعُواْۚ وَلَا
تَسۡـَٔمُوٓاْ أَن تَكۡتُبُوهُ صَغِيرًا أَوۡ كَبِيرًا إِلَىٰٓ أَجَلِهِۦۚ ذَٰلِكُمۡ أَقۡسَطُ
عِندَ ٱللَّهِ وَأَقۡوَمُ لِلشَّهَٰدَةِ وَأَدۡنَىٰٓ أَلَّا تَرۡتَابُوٓاْ إِلَّآ أَن تَكُونَ تِجَٰرَةً

حَاضِرَةً تُدِيرُونَهَا بَيْنَكُمْ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَلَّا تَكْتُبُوهَا ۗ
وَأَشْهِدُوٓا۟ إِذَا تَبَايَعْتُمْ ۚ وَلَا يُضَآرَّ كَاتِبٌ وَلَا شَهِيدٌ ۚ

سىلەر ئاراڭلاردىكى ئىككى ئەر كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالەتتە، دىيانەتتە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار① ، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ② . گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىققا) چاقىرىلغان ۋاقىتتا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە (يەنى ھۆكمىدە) ئەڭ ئادالەتلىكتۇر، گۇۋاھلىق ئۈچۈن ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر (گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقى ئۈچۈن كاپالەتلىكتۇر) ۋە گۇمانلىنىپ قالماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر③ . لېكىن، ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار④ ، پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن⑤ .

① يەنى بۇ گۇۋاھچىلار سىلەر ئادىللىقى ۋە دىيانىتىدىن شەك قىلمايدىغان ئىشەنچلىك ئادەملەر بولسۇن. قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەتتىن ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يەنە ئەر كىشى بولماستىن يالغۇز بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەمما ئايال كىشىدىن باشقا بىرى كۆرسە بولمايدىغان ئىشلاردىلا بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما دەۋاگەرنىڭ بىر قەسىمى بىلەن ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىغا بىنائەن ھۆكۈم چىقىرىش جايىزمۇ ياكى جايىز ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. شۇنىڭدەك بىر ئەر گۇۋاھچى بولسا، دەۋاگەر يەنە بىر گۇۋاھچىنىڭ ئورنىغا قەسەم ئىچسە، بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىش جايىز بولىدۇ، چۈنكى بىر گۇۋاھچى ۋە بىر قەسەمگە بىنائەن ھۆكۈم چىقىرىش ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان. شۇنىڭدەك ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن دەۋاگەرنىڭ بىر قەسىمگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىش جايىز بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② بىر ئەرنىڭ ئورنىغا ئىككى ئايالنى گۇۋاھچى قىلىپ تەيىنلەشتە مەلۇم سەۋەب ۋە ھېكمەت بار، يەنى ئايال ئەقلىي ئىقتىداردا ياكى ئەستە ساقلاشتا ئەردىن ئاجىزدۇر. (سەھىھۇل بۇخارى 304- ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 79- ھەدىستە «ئايال كىشىنىڭ ئەقلى كەمتۇك» دېيىلگەن) بۇنىڭدا (بەزىلەر دەۋا قىلغاندەك) ئايال كىشىنى كەمستكەنلىك ۋە تۆۋەن كۆرگەنلىك يوق، بەلكى بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى تەقەززا قىلغان بىر تەبىئىي ئاجىزلىقنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بەزى كىشىلەر تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن بۇنى ئېتىراپ قىلمىسا، بۇ باشقا گەپ، ئەمما ئىسپاتلانغان ھەقىقەتلەرگە ئاساسەن بۇ شەك قوبۇل قىلمايدىغان مەسىلىدۇر.

③ يېزىپ ھۆججەت قالدۇرۇپ قويغاننىڭ بىرقانچە تۈرلۈك پايدىلىرى بار. مەسىلەن: ھۆججەت بىلەن ئادالەت تەقەززا قىلغان ئىنساپ روياپقا چىقىدۇ، گۇۋاھلىقمۇ توغرا بولىدۇ (گۇۋاھچى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھۆججەتنىڭ رولى ۋە پايدىسى بولىدۇ)، ھەر ئىككى تەرەپ شەك- شۈبھىدىن خاتىرجەم بولىدۇ، چۈنكى شەكلىنىپ قالغان چاغدا ھۆججەتكە قارىسا، شەك يوقىلىدۇ.

④ يەنى پۇلنى نەخ بەرمەي سودا- سېتىق قىلغاندا ياكى سودىدا پۈتۈشكەندىن كېيىن يېنىۋېلىشتىن قورقىغان چاغدىلا شۇنداق قىلىڭلار. ئۇنداق بولمىسا، نەخ سودا- سېتىق قىلغاندا يازمىسىڭلارمۇ بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنى: ئۆي- جاي، دۇكان، باغ ياكى ھايۋانلارنى ئېلىپ- ساتقاندا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، دەپ تەپسىر قىلغان. (ئەيسەر تەپاسىر)

⑤ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈشنىڭ شەكىللىرى: يىراق- يىراق جايلاردىن چاقىرىپ كېلىش، ئۇلارنى سەپەردە چىقىمدار قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ تىجارىتىگە زىيان يەتكۈزۈش ياكى ئۇلارنى يالغاننى يېزىشقا ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە مەجبۇرلاش... قاتارلىقلار.

وَإِن تَفْعَلُواْ فَإِنَّهُۥ فُسُوقُۢ بِكُمْۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱللَّهُۗ وَٱللَّهُ
بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٞ ﴿٢٨٢﴾ ۞ وَإِن كُنتُمْ عَلَىٰ سَفَرٖ وَلَمْ تَجِدُواْ كَاتِبٗا
فَرِهَٰنٞ مَّقْبُوضَةٞۖ فَإِنْ أَمِنَ بَعْضُكُم بَعْضٗا فَلْيُؤَدِّ ٱلَّذِي ٱؤْتُمِنَ

أَمَٰنَتَهُۥ وَلۡيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥۗ وَلَا تَكۡتُمُواْ ٱلشَّهَٰدَةَۚ وَمَن يَكۡتُمۡهَا
فَإِنَّهُۥٓ ءَاثِمٞ قَلۡبُهُۥۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ ﴿٢٨٣﴾

***ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار، ئىپنىقكى، بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەتائەتىدىن چىققىنىڭلار دىمەكتۇر (يەنى ئۇچۇقلا گۇناھ ئۆتكۈزگىنىڭلاردۇر)، ئاللاھ (نىڭ ئەمرى ۋە چەكلىمىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش)تىن قورقۇڭلار① ، ئاللاھ سىلەرگە (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىلىمنى شۇنداق) ئۆگىتىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [282]. ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، خەت يازالايدىغان ئادەم تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) بىر نەرسىنى (قەرز بەرگۈچىگە) رەنگە تاپشۇرساڭلار بولىدۇ② . ئاراڭلاردا بىر ـ بىرىڭلارغا ئىشىنىپ (ھۆججەت ياكى رەنە تەلەپ قىلماي) ئامانەت قويغان (قەرز بەرگەن) بولساڭلار، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)، (قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا) رەببى بولغان ئاللاھتىن قورقسۇن③ . گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، بىلسۇنكى، ئۇنىڭ دىلى گۇناھكاردۇر④ . ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر [283].***

① يەنى ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىڭلار، ئۇ توسقان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار!

② بۇ ئايەتتە ئەگەر سەپەر ئۈستىدە قەرز مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كەلسە، ھۆججەت يازغۇچى، قەغەز، سىياھ ياكى قەلەم تېپىلمىسا، بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەكلىكى بايان قىلىنىۋاتىدۇ، يەنى بۇنداق ئەھۋالدا قەرز ئالغۇچى قەرز ئىگىسىگە بىر نەرسىنى رەنە (گۆرۈ) ئۈچۈن تاپشۇرسۇن. بۇ ئايەت گۆرۈ ئېلىشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ جايىزلىقىغا دەلىل بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس بار: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندە ئۇنىڭ

جەڭدە كىيدىغان تۆمۈر كىيىمى بالا-چاقىلىرىنىڭ يېمەكلىكى ئۈچۈن ئالغان 30 ۋەسەق (بىر ۋەسەق تەخمىنەن 140 كىلوگىرامغا توغرا كېلىدۇ) ئارپىنىڭ ئورنىغا بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇپ قويۇلغان ئىدى.» (سەھىھۇل بۇخارى، 2513 ـ ھەدىس) ئەگەر گۆرۈ ئۈچۈن تاپشۇرغان نەرسە مەنپەئەتى يېتىپ تۇرىدىغان نەرسە (مەسىلەن: سۈتىدىن پايدىلىنىدىغان ئىنەك) بولسا، بۇ مەنپەئەتكە ئۇنىڭ ئىگىسى ھەقلىق بولىدۇ، قەرز بەرگۈچى ھەقلىق بولمايدۇ، ئەگەر قەرز بەرگۈچى ئۇ نەرسىگە چىقىم قىلغان بولسا، ئۇ چىقىمنى تۇتىۋېلىپ، قالغىنىنى گۆرۈ ئىگىسىگە قايتۇرۇشى لازىم.

③ يەنى ئەگەر سىلەر بىر-بىرىڭلارغا ئىشەنسەڭلار، گۇۋاھچى تۇرغۇزمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ يوقتۇر. شۇڭا ئاللاھتىن قورقۇپ، ئۇنى توغرا شەكىلدە ئادا قىلىڭلار، بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا قايتۇرۇڭلار. بۇ يەردىكى ئامانەت قەرزنى كۆرسىتىدۇ.

④ گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش گۇناھى كەبىرىدۇر (چوڭ گۇناھتۇر)، شۇڭا بۇ ئايەتتە ۋە ھەدىسلەردە يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. شۇ ۋەجىدىن توغرا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ پەزىلىتى ۋە مۇكاپاتىمۇ كاتتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشىسى گۇۋاھلىقى تەلەپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى گۇۋاھلىققا كەلگەن كىشىدۇر.» (سەھىھ مۇسلىم 1719 ـ ھەدىس) يەنە بۇ ئايەتتە دىل ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان، چۈنكى گۇۋاھلىقنى يوشۇرىدىغان جاي دىلدۇر يەنى يوشۇرۇش دىلنىڭ ئىشىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا دىل جىسمدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ سەردارىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىسمدا بىر پارچە گۆش بار، ئەگەر ئۇ ياخشى بولسا (يەنى تۈزەلسە)، پۈتۈن جىسىم ياخشى بولىدۇ (يەنى تۈزىلىدۇ)، ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن جىسىم بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسا دىلدۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 54 ـ ھەدىس)

لِّلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَإِن تُبۡدُواْ مَا فِيٓ أَنفُسِكُمۡ أَوۡ
تُخۡفُوهُ يُحَاسِبۡكُم بِهِ ٱللَّهُۖ فَيَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۗ
وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٢٨٤﴾ ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مِن

رَبِّهِۦ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا
نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ
رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٢٨٥﴾ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا
كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذۡنَآ إِن نَّسِينَآ أَوۡ
أَخۡطَأۡنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تَحۡمِلۡ عَلَيۡنَآ إِصۡرٗا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلۡنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ
لَنَا وَٱرۡحَمۡنَآۚ أَنتَ مَوۡلَىٰنَا فَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٨٦﴾

*ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) ئاللاھنىڭدۇر. دىلىڭلاردىكىنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ①. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [284]. پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «بىز (ئىمان ئېيتىشتا) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» (دەيدۇ). ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دېدى [285]. ئاللاھ ھېچكىمگە قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ مۇكاپاتى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇپ قالغاق ياكى خاتالاشقان بولساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىكتىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىغان بولساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. ئى*

*پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك (مەجبۇرىيەت) يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، ئى پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ②* *[286]*.

① ھەدىسلەردىن مەلۇم بولۇشىچە بۇ ئايەت چۈشكەندە، ساھابىلارغا ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! (بىز ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، جىھاد قىلىش ۋە سەدىقە بېرىشتەك) بىز قىلالايدىغان ئىشلارغا بۇيرۇلغان ئىدۇق، ئەمما بۇ ئايەتتە بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى بىز قىلالمايمىز (يەنى دىلدا پەيدا بولغان ۋەسۋەسە ۋە خىياللارنى كونترول قىلىشقا قۇدرىتىمىز يەتمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ نەرسىلەردىنمۇ ھېساب ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى)»، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر سىلەردىن ئىلگىرىكى يەھۇدىي ۋە ناسارالار دېگەندەك (سۆزۈڭگە) قۇلاق سالمىز ۋە (بۇيرۇقۇڭغا) قارشىلىق قىلىمىز دېيىشنى خالامسىلەر؟ بەلكى ﴿بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾ دەڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «(سۆزۈڭگە) قۇلاق سالمىز ۋە (بۇيرۇقۇڭغا) بويسۇنىمىز» دەپ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە باش ئەگكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىتائەتمەنلىكىگە ئاساسەن يۇقىرىدىكى ئۇلارغا ئېغىر كەلگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ: ﴿ئاللاھ ھېچكىمگە قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر) سەھىھۇل بۇخارى، سەھىھ مۇسلىم ۋە تۆت ھەدىس كىتابىدا كەلگەن بۇ ھەدىسمۇ شۇنى تەكىتلەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇممىتىم دىلىغا كەچكەن نەرسىنى سۆزلىمىسىلا ياكى ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلمىسىلا، ئاللاھ ئۇنى (ئۇلاردىن) كەچۈرىۋېتىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 2528-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 201-ھەدىس) بۇنىڭدىن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئەمەل قىلمىغۇچە كۆڭۈلدىن

كەچكەن خىياللاردىن ھېساب ئېلىنمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرىنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان، چۈنكى ھېساب ئېلىش دېمەك جازالاش دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بىر بەندىدىن ھېساب ئالغانلىقى ئۇنى چوقۇم جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى، ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندىدىن چوقۇم ھېساب ئالىدۇ، لېكىن كۆپ كىشىلەردىن ھېساب ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىر-بىرلەپ ئەسلىتىپ، ئېتىراپ قىلدۇرغاندىن كېيىن، «مەن دۇنيادا ئەيىبىڭلارنى ياپقان ئىدىم، بۈگۈن ئۇلارنى ئەپۇ قىلدىم»، دەيدۇ. ) سەھىھۇل بۇخارى **6070**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **2768**-ھەدىس)

بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى "نَسْخٌ" دېگەن سۆز «ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» دېگەن ئاتالغۇ مەنىسىدە كەلمىگەن، بەلكى مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش، ئايدىڭلاشتۇرۇش دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن: بۇ ئايەت چۈشكەندە ساھابىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشكەن ئىدى، ئاندىن ﴿ئاللاھ ھېچكىمگە قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەت ۋە «ئۈممىتىم دىلىغا كەچكەن نەرسىنى سۆزلىمىسىلا...كەچۈرىۋېتىدۇ» ھەدىس قاتارلىق دەلىللەر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە «ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئايەت» دەپ ئايرىشقا ئورۇن قالمىدى.

② بۇ ئايەتتە يەنە مۆئمىنلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشى زۆرۈر بولغان بىر قانچە ئېتىقادقا ئالاقىدار ئىشلار تىلغا ئېلىنىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ﴿ئاللاھ ھېچكىمگە قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ھېچقانداق كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرىمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدى. مەزكۇر ئىككى ئايەتنىڭ پەزىلىتى ھەدىسلەردە مۇنداق كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى كېچىدە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇسا ئۇ (ئىككى ئايەت ئۇنىڭغا) يېتەرلىكتۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى **4008**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **255**-ھەدىس) يەنى بۇ ئايەتنى ئوقۇغانىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىسرا كېچىسى ئاتا قىلغان ئۈچ نەرسىنىڭ بىرى سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى ئىدى.» (سەھىھ مۇسلىم 279-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەرشنىڭ ئاستىدىكى بىر خەزىنىدىن بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنغان. يەنە بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچكىمگە بېرىلمىگەن. (مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم 147-- بەت، نەسائى 5-توم، 15-بەت، تەبەرانى17-توم، 283-بەت، بەيھەقى 2-توم، 461-بەت، 2404-ھەدىس، ئەلمۇستەدرەك لىلھاكىم 1-توم، 262-بەت، سۇنەنى دارمى 2-توم، 321-بەت) مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۈرىنى تۈگەتسە ئامىن دەيتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

# سۈرە ئال ئىمران

| (٣) سورة آل عمران مدنية ٢٠٠ آية | (3) سۈرە ئال ئىمران مەدىنىدە چۈشكەن 200 ئايەت |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓمٓ ﴿١﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُ ﴿٢﴾

***ئەلىف، لام، مىم [1]. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر① [2].***

** بۇ سۈرە مەدىنىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ئايەتلىرى ھىجرەتتىن كېيىن ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا نازىل بولغان. بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن تاكى 83 ـ ئايىتىگىچە بولغان ئايەتلەر ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى نەجران قەبىلىسىدىن كەلگەن خىرىستىيان ئەلچىلەر ھەققىدە چۈشكەن. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىرىستىيان ئەقىدىسى ۋە ئىسلام دىنى ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇلارنى لەنەت تىلەپ دۇئا قىلىشقا چاقىرغان. ئۇنىڭ تەپسىلاتى بۇ سۈرىدە كېلىدۇ.*

① ﴿الْحَيُّ﴾ ۋە ﴿الْقَيُّومُ﴾ ئاللاھ تائالانىڭ خاس سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ﴿الْحَيُّ﴾ ئەزەلدىن بار ۋە مەڭگۈ تىرىك، ئۆلمەيدىغان، يوقالمايدىغان زات دېمەكتۇر. ﴿الْقَيُّومُ﴾ پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى، بارلىق

مەخلۇقاتنى (رىزىق بېرىش ۋە ساقلاش بىلەن) ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا موھتاج، ئۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەستۇر. ناسارالار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ياكى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ قارايتتى، بۇ يەردە گويا ئۇلارغا رەددىيە بېرىلگەندەك دېيىلىۋاتىدۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ ياراتقان بىر مەخلۇق، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلغان بىر ئىنسان، ئۇ كائىنات يارىتىلىپ، نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئاللاھ ياكى ئاللاھنىڭ ئوغلى بولالايدۇ؟ ئەگەر سىلەرنىڭ ئەقىدەڭلار توغرا بولسا، ئۇ يارىتىلغان مەخلۇق بولماستىن، ئىلاھىي سۈپىتى بويىچە ئەزەلدىنلا بار بولۇشى كېرەك ئىدى، يەنە تېخى ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكى كېرەك ئىدى، لېكىن بىر كۈن كېلىدۇ، ئۇمۇ ۋاپات بولىدۇ. ناسارالارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئۇ ئاللىقاچان ۋاپات بولغان.

ھەدىسلەردە ئۈچ ئايەتتە ئىسمى ئەزەم (ئاللاھنىڭ كاتتا ئىسملىرى) بارلىقى، ئۇلارنى ئوقۇپ قىلىنغان دۇئانىڭ رەت قىلىنمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بىرىنچىسى، سۈرە ئال ئىمراننىڭ بۇ ئايىتى، ئىككىنچىسى ئايەتەلكۇرسىدىكى ﴿اللّٰهُ لَا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾. (سۈرە بەقەرە 255-ئايەت)، ئۈچىنچىسى، سۈرە تاھادىكى ﴿وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِلْحَيِّ الْقَيُّومِ﴾. (سۈرە تاھا 111-ئايەت) ئىبنى مەردەۋى، ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى سۈرە بەقەرە، سۈرە ئال ئىمران ۋە سۈرە تاھادىن ئىبارەت ئۈچ سۈرىدىكى ئاللاھنىڭ كاتتا ئىسملىرىنى ئوقۇپ دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئۇ دۇئانى ئىجابەت قىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر، ئايەتەلكۇرسى تەپسىرى)

نَزَّلَ عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَأَنزَلَ
ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ ﴿٣﴾ مِن قَبْلُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَأَنزَلَ ٱلْفُرْقَانَ ۗ إِنَّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ ۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ ذُو
ٱنتِقَامٍ ﴿٤﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَخْفَىٰ عَلَيْهِ شَىْءٌ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِى ٱلسَّمَآءِ ﴿٥﴾
هُوَ ٱلَّذِى يُصَوِّرُكُمْ فِى ٱلْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَآءُ ۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْعَزِيزُ
ٱلْحَكِيمُ ﴿٦﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) (ئاللاھ) ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەق بىلەن تەدرىجىي نازىل قىلدى①. ئىلگىرى كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ② تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى [3]. ئەمدى بولسا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننىمۇ نازىل قىلدى③. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب بار. ئاللاھ غالىبتۇر، (كاپىرلارنى) جازالىغۇچىدۇر [4]. شۈبھىسىزكى، ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەستۇر [5]. ئۇ سىلەرنى بالىياتقۇدىكى (يەنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدىغان زاتتۇر④. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [6].***

① يەنى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەنلىكى ھەقتۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر.

② بۇ كىتاب، يەنى قۇرئان كەرىم ئۆزىدىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنى تەستىق قىلىدۇ يەنى ئۇ كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان سۆزلەرنى تەستىقلايدۇ ۋە كىتابلارنىڭ بايانلىرىنى ھەق دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق مەنىسى شۇكى، قۇرئان كەرىمنىمۇ ئىلگىرىكى كىتابلارنى چۈشۈرگەن زات چۈشۈردى. ئەگەر بۇ قۇرئان باشقا بىرى تەرىپىدىن كەلگەن ياكى ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيىتى بولغان بولسا، ئۇنىڭدا ئۆزئارا ماسلاشماسلىق ۋە زىتلىق بولغان بولاتتى.

③ يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلمۇ ئۆز دەۋرىدە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋاستىسى ئىدى. چۈنكى، ئۇ كىتابلارنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەتمۇ شۇ كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئىدى. شۇڭا ئۇ جۈملىدىن كېيىن ئاللاھ تائالا «ئەمدى بولسا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلدى» دەپ تەكرار كەلتۈرۈش ئارقىلىق شۇنى ئوچۇقلاشتۇردىكى، ھازىر تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى قۇرئان چۈشتى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسى پەقەت مۇشۇ قۇرئان بىلەنلا ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىمان ئېيتماستىن ھېچكىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۇسۇلمان ۋە مۆئمىن بولالمايدۇ.

④ يەنى سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ بالىياتقۇسىدا چىرايلىق ياكى سەت، ئوغۇل ياكى قىز، بەختلىك ياكى بەختسىز، مۇكەممەل ياكى كەمتۈك قىلىپ ياراتقۇچى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى تۇرسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام قانداقمۇ ئىلاھ بولالايدۇ؟ ئۇمۇ ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدا ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى بىلەن بىر نەچچە يارىتىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۇنياغا كەلگەن ئەمەسمۇ؟

هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ مِنۡهُ ءَايَٰتٌ مُّحۡكَمَٰتٌ هُنَّ أُمُّ ٱلۡكِتَٰبِ وَأُخَرُ مُتَشَٰبِهَٰتٌۖ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمۡ زَيۡغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَٰبَهَ مِنۡهُ ٱبۡتِغَآءَ ٱلۡفِتۡنَةِ وَٱبۡتِغَآءَ تَأۡوِيلِهِۦۖ وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلٌّ مِّنۡ عِندِ رَبِّنَاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٧

***(ئى پەيغەمبەر!) ئۇ (ئاللاھ) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلغان زاتتۇر. ئۇنىڭدا مۇھكەم (مەنىسى ئېنىق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر. يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس، كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىدىغان) ئايەتلەر بار①. دىللىرىدا ئەگرىلىك بولغان (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش (چۈشەندۈرۈش) ئۈچۈن②، ئۇنىڭدىكى مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). ھالبۇكى، بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان». (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ [7].***

① ﴿مُّحۡكَمَٰتٌ﴾ «مۇھكەم» دېگەندىن بۇيرۇق، چەكلىمە، قىسسە ۋە ئەھكاملار ئېنىق ۋە ئوچۇق بايان قىلىنغان ئايەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئايەتلەرنى چۈشىنىش ھېچقانچە قىيىنغا توختىمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە

﴿ مُتَشٰبِهٰتٌ﴾ مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس مۇتەشابىھ ئايەتلەر بار. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ زاتى، قازا ۋە قەدەر مەسىلىلىرى، جەننەت، دوزاخ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ماھىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەر يەنى ئىنسانىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ھەقىقەتلەر ياكى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەر، مەنىسى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئايەتلەر، بىر نەچچە مەنىسى بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئايەتلەر. ئەنە شۇنداق ئايەتلەر يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ پىتنە پەيدا قىلىش ۋە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشىغا ئازتولا باھانە بولىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىدە دېيىلدىكى، دىللىرى گۇمراھلىققا مايىل كىشىلەر پىتنە قوزغاش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى دەستەك قىلىپ، پىتنە پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ناسارالارغا ئوخشاش. قۇرئان كەرىم ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ ئوچۇق بايان قىلدى، مانا بۇ مۇھكەم مەنىسى ئوچۇق ئايەتتۇر. لېكىن ناسارالار ئۇنىڭغا قارىماي، باشقا ئايەتتىكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى ۋە ئاللاھ ئۆز روھىدىن پۈۋلىگەن روھ دېگەن سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئەقىدىسىگە دەلىل قىلىپ، ناتوغرا قوللىنىدۇ. بىدئەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئۇلار قۇرئاندىكى مەنىسى ئوچۇق ئەقىدىلەرگە ئاساسلانماستىن، ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئەقىدىلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مەنىسى ئوچۇق بولمىغان مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئاساسلىنىدۇ، بەزىدە مەنىسى ئوچۇق مۇھكەم ئايەتلەرنىمۇ پەلسەپىۋازلىق بىلەن مۇتەشابىھ ئايەتلەر قاتارىغا كىرگۈزىۋالىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە توغرا ئەقىدىلىك مۇسۇلمانلار مۇھكەم ئايەتلەرگە ئەمەل قىلىدۇ، مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى چۈشىنىشتىمۇ (ئەگەر قىيىن بولسا) مۇھكەم ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا سېلىشتۇرۇپ چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۆ مۇھكەم ئايەتلەرنى «كىتابنىڭ ئاساسى» دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇلار پىتنىدىنمۇ ۋە ئەقىدىدە ئېزىپ كېتىشتىنمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ. (ئاللاھ بىزنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلسۇن)

② ﴿ تَأْوِيلَ﴾نىڭ بىر مەنىسى «بىر نەرسىنىڭ ئەسلي ھەقىقىتى» دېگەن بولىدۇ. بۇ مەنىگە ئاساسەن قۇرئان ئوقۇغاندا بۇ ئايەتتىكى ﴿ اِلَّا اللّٰهُ﴾ دېگەن يەردە توختاش زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ ئەسلي ھەقىقىتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئېنىق بىلىدۇ. ﴿ تَأْوِيلَ﴾نىڭ يەنە بىر

مەنىسى «بىر نەرسىنى شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش، بايان قىلىش، روشەنلەشتۈرۈش» دېگەن بولىدۇ، بۇ مەنىگە ئاساسەن ﴿اِلَّا اللّٰهُ﴾ دېگەن يەردە توختىماي ﴿وَ الرّٰسِخُوْنَ فِي الْعِلْمِ﴾ دېگەن يەردە توختاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، ئىلىمدا توشقان يېتۈك ئۆلىمالارمۇ قۇرئان كەرىمنى توغرا تەپسىر قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈشنى بىلىدۇ، دېگەن مەنە چىقىدۇ. ﴿ تَأْوِيْلَ﴾ نىڭ مەزكۇر ئىككى خىل مەنىسى قۇرئان كەرىمدە ئىشلىتىلگەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىردىن ئىخچاملاپ ئېلىندى)

رَبَّنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً ۚ
إِنَّكَ أَنتَ ٱلْوَهَّابُ ﴿٨﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ جَامِعُ ٱلنَّاسِ لِيَوْمٍ لَّا رَيْبَ
فِيهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخْلِفُ ٱلْمِيعَادَ ﴿٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَن تُغْنِىَ
عَنْهُمْ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمْ وَقُودُ
ٱلنَّارِ ﴿١٠﴾ كَدَأْبِ ءَالِ فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا
فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ ۗ وَٱللَّهُ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿١١﴾ قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟
سَتُغْلَبُونَ وَتُحْشَرُونَ إِلَىٰ جَهَنَّمَ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿١٢﴾ قَدْ كَانَ لَكُمْ
ءَايَةٌ فِى فِئَتَيْنِ ٱلْتَقَتَا ۖ فِئَةٌ تُقَٰتِلُ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَأُخْرَىٰ كَافِرَةٌ
يَرَوْنَهُم مِّثْلَيْهِمْ رَأْىَ ٱلْعَيْنِ ۚ وَٱللَّهُ يُؤَيِّدُ بِنَصْرِهِۦ مَن يَشَآءُ ۗ إِنَّ فِى
ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِّأُو۟لِى ٱلْأَبْصَٰرِ ﴿١٣﴾

***(ئۇلار يەنە شۇنداق دەيدۇكى) «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىلىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. چۈنكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن [8]. ئى پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈندە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن». شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ [9]. شەكسىزكى، كاپىرلارنىڭ پۇل -ماللىرى، باللىرى ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى***

*كاپىرلار) دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىدۇر [10]. (بۇ كاپىرلارنىڭ ھالى) پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقاردى، گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالىدى، ئاللاھنىڭ جازاسى قاتتىقتۇر [11]. (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر يېقىندا (دۇنيادا) مەغلۇپ قىلىنىسىلەر① ۋە (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» [12]. (ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان شۇ ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار، بىرى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر② (يەنى ئاللاھ كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). ئاللاھ خالىغان كىشىنى ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار [13].*

① بۇ يەردىكى «كاپىرلار» دېگەندىن يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت تېزلا ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. مەسىلەن: بەنۇ قەينۇقا ۋە بەنۇ نەزىر قەبىلىلىرى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى، بەنۇ قۇرەيزە قەبىلىسى ھالاك قىلىندى. بىر مەزگىلدىن كېيىن خەيبەر ئازات قىلىندى ۋە ھەممە يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا باج-خىراج تۆلەيدىغان بولدى. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى ھەربىر گۇرۇھ يەنە بىر گۇرۇھنى ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق كۆرەتتى، كاپىرلارنىڭ سانى مىڭغا يېقىن ئىدى، ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئىككى مىڭدەك كۆرۈنەتتى. كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش ئۈچۈن شۇنداق كۆرسىتىلگەن ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچ يۈز دىن ئارتۇق (ياكى 313) ئىدى، مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارنىڭ سانى 600 بىلەن 700 دەك كۆرۈنەتتى، ۋەھالەنكى كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق، يەنى مىڭغا يېقىن ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ۋە دىلىدىن قورقۇنچنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا كاپىرلارنىڭ سانى ئاران ئىككى ھەسسە ئارتۇق

كۆرسىتىلدى. ئەگەر ئۈچ ھەسسە ئارتۇق كۆرسىتىلگەن بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ كىرىۋالغان بولاتتى. ئۈچ ھەسسە ئارتۇق كۆرسىتىلمەي، ئىككى ھەسسە ئارتۇق كۆرسىتىلگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ كەتمىدى. شۇنداق، دەسلەپتە ئىككى ھەسسە ئارتۇق كۆرسىتىلگەن ئىدى، ئەمما ئىككى قوشۇن بىر-بىرى بىلەن روبىرو ئۇچراشقان چاغدا، ئۇرۇشتىن چېكىنمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ھەر ئىككى تەرەپكە بىر-بىرىنى ئاز كۆرسەتتى، (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەنفال 44-ئايەتتە بايان قىلىندى. بۇ ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن بەدر غازىتى ئىدى. بۇ بىر قانچە نۇقتىدىن مۇھىم غازات ئىدى: بىرىنچىدىن: بۇ تۇنجى قېتىملىق غازات ئىدى، ئىككىنچىدىن: بۇ غازات ئالدىن پىلانلانمىغان ئىدى. ئەسلىدە مۇسۇلمانلار ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى شامدىن مال ئېلىپ، مەككىگە كېتىۋاتقان سودا كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن چىققانىدى، ئەبۇ سۇفيانغا مۇسۇلمانلارنىڭ خەۋىرى يەتكەن بولغاچقا، باشقا يول بىلەن مېڭىپ، كارۋاننى ساقلاپ قالدى، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن مەككە كاپىرلىرى پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تۇنجى غازات بەدرىدە يۈز بەردى. ئۈچىنچىدىن: بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تەرەپتىن ئالاھىدە ياردەم كەلدى. تۆتىنچىدىن: بۇ غازاتتا كاپىرلار ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى خېلى ئۇزۇنغىچە تۆۋەنلەپ كەتتى.

زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ ٱلشَّهَوَٰتِ مِنَ ٱلنِّسَآءِ وَٱلْبَنِينَ وَٱلْقَنَٰطِيرِ ٱلْمُقَنطَرَةِ مِنَ ٱلذَّهَبِ وَٱلْفِضَّةِ وَٱلْخَيْلِ ٱلْمُسَوَّمَةِ وَٱلْأَنْعَٰمِ وَٱلْحَرْثِ ۗ ذَٰلِكَ مَتَٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسْنُ ٱلْمَـَٔابِ ﴿١٤﴾

***ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ پۇل - ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى①. ئۇلار دۇنيا ھاياتىدا (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا (ياخشىلار)***

***قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك) [14].***

① بۇ يەردىكى ﴿الشَّهَوٰتِ﴾ دېگەندىن «مُشْتَهِيَاتٌ» يەنى تەبىئىي شەكىلدە ئىنساننىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ۋە ياقتۇرىدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسىلەرگە قىزىقىش ۋە ئۇلاردىن ھوزۇرلىنىش شەرىئەت كۆرسەتكەن دائىرىدە ئوتتۇراھال بولسا، ھەرگىز چەكلەنمەيدۇ، بۇ نەرسىلەرنىڭ «چىرايلىق كۆرسىتىلگەنلىكى»مۇ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن سىناقتىن ئىبارەت. ﴿ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ قىلغان ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنى ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق﴾. (سۈرە كەھف 7-ئايەت) يۇقىرىدىكى ئايەتتە ھەممىدىن بۇرۇن «ئاياللار» تىلغا ئېلىندى، چۈنكى ھەربىر بالاغەتكە يەتكەن ئىنسان ياقتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ زۆرۈر بولغىنى ئاياللدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا ئاياللار ۋە خۇشبۇي نەرسىلەر ياخشى كۆرسىتىلدى ۋە مېنىڭ شادلىقىم نامازدا قىلىندى». (مۇسنەدى ئەھمەد 3-توم، 199-بەت) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇنيا دېگەن مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىدۇر، مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھە ئاياللدۇر». شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرۈش شەرىئەت دائىرىسىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كەتمىسىلا، ئەڭ ياخشى ھەمرا ھەم ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەتنىڭ سەۋەبچىسى بولالايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئاياللار ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ پىتنىدۇر، سىناقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەندىن كېيىن پىتنىلەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ پىتنە ئاياللار بولىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى، 5096-ھەدىس) شۇنىڭدەك يەنە باللارنى ياخشى كۆرۈشمۇ ئىسلام دىنىدا ياخشى كۆرۈلگەن ئىشتۇر. ئەگەر كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشتىن مەقسەت نەسلىنى كۆپەيتىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشۇش بولسا، خاتا ئەمەس، بەلكى مەدھىيىگە لايىق ئىشتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ئەمر قىلغان: «سىلەر (ئېرىنى) بەك ياخشى كۆرىدىغان ۋە كۆپ تۇغىدىغان ئاياللارنى ئېلىڭلار، شۇنداق بولسا، مەن قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ (باشقا) ئۈممەتلەردىن كۆپلىكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن». بۇ ئايەت تەركىدۇنيا بولۇش ۋە تۇغۇت چەكلەش ھەرىكىتىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە دەلىلدۇر، چۈنكى ئايەتتىكى ﴿الْبَنِينَ﴾ «ئوغۇللار» دېگەن سۆز كۆپلۈك

شەكىلدە كەلگەن بولۇپ، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭدەك ئالتۇن - كۈمۈش ۋە كۆپ مال-دۇنيا تېپىشتىن مەقسەتمۇ تۇرمۇشنى قامداش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش، سەدىقە، خەير-ئېھسان قىلىش، خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش ۋە تىلەمچىلىكتىن ساقلىنىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولسا، ئۇنى ياخشى كۆرۈش پايدىلىق ۋە ئورۇنلۇقتۇر، ئۇنداق بولمىسا، مال-دۇنياغا ھېرىسمەنلىك خاتالىققا سەۋەب بولىدۇ. ئارغىماق ئاتلارنى بېقىشتىن جىھادقا تەييارلىق قىلىش كۆزلەنسە، باشقا چارۋىلاردىن يەر ھەيدەش ۋە يۈك توشۇشتا پايدىلىنىش ۋە ئېكىنلەردىن مول-ھوسۇل ئېلىش مەقسەت قىلىنسا، بۇمۇ مەدھىيگە لايىق ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر ئۇلاردىن نوقۇل مال-دۇنيا توپلاش، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش، مەغرۇرلىنىش، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل بولۇپ، ئەيش-ئىشرەتتە ياشاش مەقسەت قىلىنسا، بۇ پايدىلىق نەرسىلەر ئىگىسىنى يامان ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدۇ. ﴿الْقَنَاطِيرِ﴾ «قِنْطَارٌ»نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، خەزىنە دېگەن مەنىدە، يەنى ئالتۇن-كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ مال-مۈلۈك ۋە خەزىنىلەر. ﴿الْمُسَوَّمَةِ﴾ ئوتلاش ئۈچۈن ئوتلاققا قويۇپ بېرىلگەن ياكى جىھاد ئۈچۈن تەييارلانغان ياكى ئايرىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بەلگە ياكى نومۇر سېلىپ قويۇلغان ئاتلار دېمەكتۇر. (فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر)

۞ قُلْ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيْرٍ مِّن ذَٰلِكُمْ ۚ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِندَ رَبِّهِمْ
جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ
وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللَّهِ ۗ وَاللَّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ ﴿١٥﴾ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا
آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ﴿١٦﴾

*(ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە ئۇقتۇرىدىغانلىرىمنى (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ يەرلىشىپ قالىدىغان جەننەتلەر①، (ئۇ جەننەتلەردە) پاك جۈپلەر②، (ئەڭ كاتتىسى) ئاللاھنىڭ رازىلىقى بار». ئاللاھ بەندىلىرىنى*

*(يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [15]. ئەنە شۇلار (يەنى تەقۋادارلار): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز شەكسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدىغان كىشىلەردۇر [16].*

① بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرگە دېيىلىۋاتىدۇكى، سىلەر دۇنيانىڭ مەزكۇر نەرسىلىرىگە بېرىلىپ كەتمەڭلار، رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر ۋە جەننەتتىكى ھايات ئۇلاردىن ئەۋزەلدۇر، ئۇ نېمەتلەرگە پەقەت تەقۋادارلار لايىقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر تەقۋادارلىقنى تاللاڭلار. ئەگەر سىلەر تەقۋادارلىقنى ئۆزۈڭلەرگە ئۆزلەشتۈرسەڭلار، دىن ۋە دۇنيا ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۆزۈڭلەردە جەملىگەن بولىسىلەر.
② «پاك» يەنى جەننەتتىكى ھۆرلەر دۇنيانىڭ ئاياللىرىدا بولىدىغان ھەيز، نىپاس، كىر بولۇش ۋە بەتبۇي بولۇپ قېلىشتەك ئىشلاردىن خالىيدۇر. ئۇلار يەنە يامان ئىللەتلەردىن خالىي، قەلبى پاك جۈپلەردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئايەتتە تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

ٱلصَّٰبِرِينَ وَٱلصَّٰدِقِينَ وَٱلْقَٰنِتِينَ وَٱلْمُنفِقِينَ وَٱلْمُسْتَغْفِرِينَ بِٱلْأَسْحَارِ ﴿١٧﴾ شَهِدَ ٱللَّهُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَأُو۟لُوا۟ ٱلْعِلْمِ قَآئِمًۢا بِٱلْقِسْطِ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١٨﴾

*ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، (ئىماندا) راستچىللاردۇر، (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر [17]. ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەردى. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ (شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى): ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر①، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [18].*

① «گۇۋاھلىق بېرىش»نىڭ مەنىسى بايان قىلىش ۋە بىلدۈرۈش

دېمەكتۇر. يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان ۋە بايان قىلغان نەرسىلەر ئارقىلىق بىزگە ئۆزىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى بىلدۈردى. بىزنى شۇنىڭغا يېتەكلىدى. (فەتھۇلقەدىر) پەرىشتىلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئۇنىڭ بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭناملىرى بىلەن بىرگە ئىلىم ئەھلىلىرىنىمۇ تىلغا ئالدى، بۇ ئۇلارنىڭ پەزىلەت ۋە ھۆرمەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «ئىلىم ئەھلىلىرى» دېگەندە پەقەت قۇرئان-سۈننەت ئىلمىنى ياخشى بىلىدىغان ئۆلىمالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ وَمَا ٱخۡتَلَفَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا
مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡعِلۡمُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ
فَإِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿١٩﴾ فَإِنۡ حَآجُّوكَ فَقُلۡ أَسۡلَمۡتُ وَجۡهِيَ
لِلَّهِ وَمَنِ ٱتَّبَعَنِۗ وَقُل لِّلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡأُمِّيِّـۧنَ ءَأَسۡلَمۡتُمۡۚ
فَإِنۡ أَسۡلَمُواْ فَقَدِ ٱهۡتَدَواْۖ وَّإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا عَلَيۡكَ ٱلۡبَلَٰغُۗ وَٱللَّهُ
بَصِيرُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٢٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ
ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ حَقّٖ وَيَقۡتُلُونَ ٱلَّذِينَ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡقِسۡطِ مِنَ ٱلنَّاسِ
فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢١﴾

***ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە (مەقبۇل بولىدىغان) دىن ئىسلامدۇر① . كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى)② ، كىمكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن③ (ئاللاھ ئۇنداقلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك چوقۇم جازالايدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر [19]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن (دىن بارىسىدا) مۇنازىرەلەشسە سەن (ئۇلارغا): «ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن***

*بىرلىكتە، مەن ئۆزۈمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنغۇچىمىز)» دېگىن. كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۈممىيلەرگە (يەنى ساۋاتسىز ئەرەب مۇشرىكلىرىغا)④ : «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ؛ ئەگەر (ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشتىن) يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، ئۇ ھالدا، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالىنى) ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [20]. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغان كىشىلەرنى (يەنى ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچىلارنى) ئۆلتۈرىدىغانلارغا⑤ قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن [21].*

① ئىسلام – ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز دەۋرىدە كىشىلەرنى دەۋەت قىلىپ كەلگەن دىنىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ھازىر ئۇنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكلىنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا تەقدىم قىلدى. بۇ دىننى قوبۇل قىلغانلار ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەتكە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن بويىچە ئىمان كەلتۈرۈشى لازىم. ئەمدى ئاللاھنى بىر دەپ قويۇش ياكى بىر ئاز ياخشى ئەمەل قىلىپ قويۇشلا مۇسۇلمانلىق شەرتىنى ئادا قىلغانلىق بولمايدۇ، نە ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئىمان، ئىسلام ۋە دىن دېگەن ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئەلچى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرئان-ھەدىستە كۆرسىتىلگەن بارلىق ئەقىدە ۋە ئەھكاملارغا ئىشىنىش ۋە ئەمەل قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنىدىن باشقا ھېچقانداق بىر دىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾. (سۈرە ئال ئىمران 85-ئايەت)، ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن»﴾. (سۈرە

ئەئراف 158-ئايەت)، ﴿پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھ تائالانىڭ بەرىكەتتى بۈيۈكتۇر﴾. (سۈرە فۇرقان 1-ئايەت).

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يەھۇدىي بولسۇن، (ياكى) خرىستىئان بولسۇن بۇ ئۈممەتتىن كىم مەن توغرۇلۇق ئاڭلاپ تۇرۇپ، مەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەي ئۆلۈپ كەتسە، دوزاخقا كىرىدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم، 153- ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «مەن ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىك پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم.» (مۇسنەدى ئەھمەد: 5-توم، 145-بەت، سەھىھ مۇسلىم، 152-ھەدىس) شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز دەۋرىدىكى بارلىق خانلىق ۋە پادىشاھلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا چاقىردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② «ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى» دېگەندە بىر دىنغا ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىكى ئىختىلاپ ۋە گۇرۇھۋازلىقلار، ناسارالار ئىچىدىكى ئىختىلاپ ۋە گۇرۇھۋازلىقلار، يەنە ئەھلى كىتابلار يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن يەھۇدىيلار ناسارالارنى، ناسارالار يەھۇدىيلارنى «سىلەر ھەقنىڭ ئۈستىدە ئەمەس» دېيىشەتتى. يەنە ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدىكى ئىختىلاپلىرىمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلاردىكى بارلىق ئىختىلاپلار دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسلانغان بولماستىن، ھەسەتخورلۇق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار ئىدى. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىيالىي ۋە دۇنياۋىي مەنپەئەتنى دەپ، خاتالىق ئۈستىدە چىڭ تۇردى، خاتالىق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشنى دىندا چىڭ تۇرغانلىق دەپ داۋا قىلدى.

③ بۇ يەردىكى «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى» دېگەن ئىسلامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن دىن ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

④ «ئۇممىيلەر» دېگەندە ئەھلى كىتابقا سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمەن ساۋاتسىز دەپ قارىلىدىغان ئەرەب مۇشرىكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، پەقەت پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىككە بولدى قىلماستىن، ھەق سۆز قىلغان كىشىلەرنىمۇ ئۆلتۈرەتتى. يەنى ئىخلاسمەن مۇئمىنلەرنى، ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچىلارنى ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىلارنىمۇ ئۆلتۈرەتتى. ئاللاھ تائالا شۇ ئىخلاسمەن مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەرلەر بىلەن بىر يەردە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلدى.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن
نَّٰصِرِينَ ﴿٢٢﴾ أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبٗا مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ يُدۡعَوۡنَ
إِلَىٰ كِتَٰبِ ٱللَّهِ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۡ وَهُم
مُّعۡرِضُونَ ﴿٢٣﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُواْ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامٗا
مَّعۡدُودَٰتٖۖ وَغَرَّهُمۡ فِي دِينِهِم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٢٤﴾ فَكَيۡفَ إِذَا
جَمَعۡنَٰهُمۡ لِيَوۡمٖ لَّا رَيۡبَ فِيهِ وَوُفِّيَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ
لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٢٥﴾ قُلِ ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ تُؤۡتِي ٱلۡمُلۡكَ مَن تَشَآءُ
وَتَنزِعُ ٱلۡمُلۡكَ مِمَّن تَشَآءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَآءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَآءُۖ
بِيَدِكَ ٱلۡخَيۡرُۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٦﴾

*ئەنە شۇلارنىڭ دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر، ئۇلارغا ھېچ ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر [22]. (ئى مۇھەممەد!) كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئۆز ئارىسىدا (دەتالاش قىلىشقان ئىشلار توغرىسىدا) ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا چاقىرىلسا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى بۇنىڭدىن (يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈپ ئارقىغا چېكىنىدۇ (يەنى ئۇلار ھەقتىن يۈز ئۆرۈش تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەنلەردۇر)①*

***[23]. ئاشۇ (يۈز ئۆرۈش) ئۇلارنىڭ «دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا (يەنى موزايغا چوقۇنغان 40 كۈنلۈك ۋاقىتلا) كۆيدۈرىدۇ» دېگەنلىكىدىن ۋە دىنىي جەھەتتە ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئالداپ قويغانلىقىدىن بولدى② [24]. كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز ئۇلارنى توپلىغان ۋە ھەربىر كىشىگە قىلغان ئەمەلىنىڭ جازاسى ياكى مۇكاپاتى قىلچە ئۇۋال قىلىنماي (ئازابىنى زىيادە قىلىۋېتىش ياكى ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىش بولماي) تولۇق بېرىلگەن چاغدا، (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولار؟③ [25] ئېيتقىنكى، «ئى پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ! سەن خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. سېنىڭ قولۇڭدىدۇر ھەممە ياخشىلىق④. شەكسىزكى، سەن ھەممىگە قادىرسەن [26].***

① «كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر» دېگەندىن مەدىنىدىكى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن مەھرۇم قالغان ۋە ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى دۈشمەنلىكنى توختاتمىغان كۆپ ساندىكى يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككى قەبىلىسى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، يەنە بىر قەبىلىسى قەتلى قىلىنغان.

② يەنى ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن يۈز ئۆرۈشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ «بىز دوزاخقا كىرمەيمىز، كىرگەن تەقدىردىمۇ ساناقلىق كۈنلەرلا كىرىمىز» دەپ خاتا دەۋا قىلغانلىقىدۇر. ئۇلار بۇ تاتلىق سۆزلەر بىلەن پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئالدىدى.

③ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرى ۋە خاتا ئەقىدىلىرىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئادالىتى بىلەن ھەربىر جان ئىگىسىگە تېگىشلىك مۇكاپات بېرىدۇ. ھېچكىمگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

④ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى بايان قىلىنىدى، ئاللاھ پادىشاھنى گاداي قىلىدۇ، گادايىنى پادىشاھ قىلىدۇ، ئۇ پۈتۈن كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئىگىسىدۇر. «الْخَيْرُ بِيَدِكَ»نىڭ ئورنىغا ﴿ بِيَدِكَ الْخَيْرُ﴾

﴿سېنىڭ قولۇڭدىدۇر ياخشىلىق﴾ دەپ خەۋەرنىڭ ئىگىدىن بۇرۇن كەلگەنلىكى خاسلىقنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بارلىق ياخشىلىق پەقەت سېنىڭ قولۇڭدا، سەندىن باشقا ھېچكىم ياخشىلىق ئاتا قىلغۇچى ئەمەس، دېگەن بولىدۇ. گەرچە «يامانلىق»نى يارانقۇچىمۇ ئاللاھ تائالا بولسىمۇ، بۇ يەردە پەقەت ياخشىلىقلا تىلغا ئېلىندى، چۈنكى ياخشىلىق ئاللاھ تائالانىڭ خاس پەزلى-مەرھەمىتىدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە، يامانلىق ئىنسانغا يېتىدىغان ئۆز ئەمىلىنىڭ نەتىجىسى ۋە بەدىلىدۇر. ياكى يامانلىقمۇ قازا ۋە قەدەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ياخشىلىقمۇ ئۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا «فَأَفْعَالُهُ كُلُّهَا خَيْرٌ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشىلىقتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

تُولِجُ ٱلَّيْلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَتُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيْلِ وَتُخْرِجُ ٱلْحَيَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَتُخْرِجُ ٱلْمَيِّتَ مِنَ ٱلْحَيِّ وَتَرْزُقُ مَن تَشَآءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ ﴿٢٧﴾

***كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ) ①. جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن②. ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن [27].»***

① «كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزۈش، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزۈش» دېگەندە پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر پەسىلدە كېچە ئۇزۇن بولسا، يەنە بىر پەسىلدە ئۇنىڭ ئەكسىچە كۈندۈز ئۇزۇن، كېچە قىسقا بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە كۈندۈزنىڭ بىر قىسمىنى كېچىگە، يەنە بەزىدە كېچىنىڭ بىر قىسمىنى كۈندۈزگە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېچە ۋە كۈندۈز ئۇزۇن ۋە قىسقا بولۇپ قالىدۇ.

② يەنى جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىنى) باشتا جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن) چىقىرىسەن، ئاندىن جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) ئاشۇ جانسىزدىن

(يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىدىن) چىقىرىسەن. شۇنىڭدەك جانسىز تۇخۇمدىن باشتا توخۇنى، ئاندىن جانلىق توخۇدىن جانسىز تۇخۇمنى چىقىرىسەن. يەنە بىر مەنىسى، مۇئمىننى كاپىردىن، كاپىرنى مۇئمىندىن چىقىرىسەن يەنى يارىتىسەن. ھەدىستە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆز زىممىسىدىكى قەرز ھەققىدە شىكايەت قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بۇ ئايەتنى ئوقۇغىن، ئاندىن بۇ دۇئانى) ئى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھىم-شەپقەت قىلغۇچى ئاللاھ، خالىغان كىشىگە بېرىسەن، خالىغان كىشىگە بەرمەيسەن، ماڭا باشقىلارنىڭ رەھمىتىگە موھتاج بولمىغۇدەك دەرىجىدە رەھىم قىلغىن، ئى ئاللاھ، مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىن، قەرزدىن خالاس قىلغىن) ئوقۇغىن» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «بۇ دۇئانى ئوقۇساڭ ئۇھۇد تېغىدەك قەرزىڭ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى تۆلەشكە ساڭا ياردەم قىلىدۇ» دېيىلگەن. (مەجمەئۇززەۋائىد 10-توم، 186-بەت، رىۋايەت قىلغۇچىلىرى ئىشەنچىلىكتۇر)

لَّا يَتَّخِذِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۖ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ فَلَيْسَ مِنَ ٱللَّهِ فِى شَىْءٍ إِلَّآ أَن تَتَّقُوا۟ مِنْهُمْ تُقَىٰةً ۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفْسَهُۥ ۗ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿٢٨﴾ قُلْ إِن تُخْفُوا۟ مَا فِى صُدُورِكُمْ أَوْ تُبْدُوهُ يَعْلَمْهُ ٱللَّهُ ۗ وَيَعْلَمُ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٩﴾ يَوْمَ تَجِدُ كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ مِنْ خَيْرٍ مُّحْضَرًا وَمَا عَمِلَتْ مِن سُوٓءٍ تَوَدُّ لَوْ أَنَّ بَيْنَهَا وَبَيْنَهُۥٓ أَمَدًۢا بَعِيدًا ۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفْسَهُۥ ۗ وَٱللَّهُ رَءُوفٌۢ بِٱلْعِبَادِ ﴿٣٠﴾

*مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن① ، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ ھېچبىر ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. پەقەت (دوستتەك كۆرۈنۈپ) ئۇلاردىن (كېلىدىغان يامانلىقتىن) ساقلىنىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا② . ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، (ئاخىر) قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر [28]. ئېيتقىنكى، «دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار ،*

*مەيلى ئاشكارىلىغىلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [29].» ھەر ئىنسان قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى، يامان ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا كۆرىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە، (ئىنسان يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن بىر مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر [30].*

① ﴿أَوْلِيَآءَ﴾ دېگەن سۆز «وَلِيٌّ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى چىن دىلدىن ياخشى كۆرىدىغان يېقىن دوست دېمەكتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئۆزىنى مۇئمىنلەرنىڭ ۋەلىسى، ئىگىسى دەپ ئاتىدى. ﴿اَللّٰهُ وَلِيُّ الَّذِيْنَ اٰمَنُوْا﴾ ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر﴾. (سۈرە بەقەرە 257-ئايەت). دېمەك مۇئمىنلەر ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئامراق دوستتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن قاتتىق چەكلىدى. چۈنكى كاپىرلار ئاللاھنىڭمۇ دۈشمىنى ۋە مۇئمىنلەرنىڭمۇ دۈشمىنىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنى دوست تۇتۇش قانداقمۇ جايىز بولسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە ئايەتتە كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ۋە يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئەمما مەنپەئەت ۋە زۆرۈرىيەت بويىچە ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە ۋە سودا ئالاقىسى قىلىشقا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلمايدىغان كاپىر بولسا، ئۇلارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش ۋە مۇرەسسە-مادارا قىلىش جايىزدۇر. (سۈرە مۇمتەھىنەنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن) چۈنكى بۇ مۇئامىلىلەر دوست تۇتۇشقا (ياخشى كۆرۈشكە) كىرمەيدۇ.

② بۇ رۇخسەت كاپىر ھۆكۈمەتنىڭ ئاستىدا ياشايدىغان مۇئمىنلەر ئۈچۈندۇر. ئۇلار بەزى دۆلەتلەردە ياكى بەزى ۋاقىتلاردا دوستلۇق ئىزھار قىلماستىن كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمىسا، چىن قەلبىدىن ئەمەس، بەلكى تاشقى كۆرۈنۈشتە تىلى بىلەن دوستلۇق ئىزھار قىلىپ (ئۇلارنى ياخشى كۆرگەندەك قىياپەتتە تۇرۇپ) ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانسا بولىدۇ.

قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِى يُحْبِبْكُمُ ٱللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ
ذُنُوبَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣١﴾ قُلْ أَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ ۖ فَإِن
تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾ ۞ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصْطَفَىٰٓ ءَادَمَ وَنُوحًا
وَءَالَ إِبْرَٰهِيمَ وَءَالَ عِمْرَٰنَ عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٣﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار① . (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ② . ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. [31]» ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار». ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئۇلارنى شۇنى بىلسۇنكى) ئاللاھ كاپىرلارنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى) قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ③ [32]. شەكسىزكى، ئاللاھ ئادەمنى، نۇھنى، ئىبراھىم ئەۋلادىنى، ئىمران④ ئەۋلادىنى (شۇ زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلىپ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى [33].***

① يەھۇدىي ۋە ناسارالار: بىز ئاللاھنى ياخشى كۆرىمىز، ئاللاھ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ دەۋا قىلاتتى. خۇسۇسەن ناسارالار (يەنى خرىستىئانلار) ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى ياخشى كۆردۇق دەپ، شۇ دەرىجىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدىكى، ھەتتا ئۇلارنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىچە بىز مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىن بولىمىز ۋە ئۇنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىمىز، دەيتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ بۇنداق قۇرۇق دەۋا ۋە ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ۋە رىزالىقىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىردىنبىر يولى ئاخىرقى پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ ئايەت ئاللاھنى ياخشى كۆرىمىز دەپ دەۋا قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر مىزان ۋە ئۆلچەم بەلگىلەپ بەردى. ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشنى دەۋا قىلغان ھەم ئۇنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ئېرىشمەكچى بولغان ئادەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئارقىلىقلا مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ

ۋە قىلغان دەۋاسىدا راستچىل بولغان بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، دەۋاسىدا يالغانچى بولغان بولىدۇ ھەم مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىز بۇيرىمىغان (يەنى بىز كۆرسەتكەنگە ئوخشىمايدىغان) ئىشنى قىلسا، رەت قىلىنىدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم، 1718 ـ ھەدىس)

② يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش بىلەن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار كەچۈرۈم قىلىنىپلا قالماستىن بەلكى سىلەر ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىسىلەر. بىر ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى سۆيۈملۈك بەندىلەر ماقامىغا كۆتۈرۈلۈشى ھەقىقەتەن چوڭ شەرەپتۇر.

③ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگىمۇ ئىتائەت قىلىش قايتا تەكىتلىنىپ، ئەمدى پەقەت مۇھەممەد رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەنلا نىجات تاپقىلى بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق كۇفرىلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنداق كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى، گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەر قانچە دەۋا قىلسىمۇ. بۇ ئايەتتە ھەدىسنىڭ دەلىل-پاكىت بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە مۇھەممەد رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشكە ئۇنىمايدىغانلار ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار. چۈنكى بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر ئۆز پەرەزلىرى بويىچە مەزكۇر ئايەتتە كۇفرى دەپ ئىپادىلەنگەن قىلمىشنى تاللىۋالغانلاردۇر. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

④ تارىختا پەيغەمبەرلەر جەمەتلىرى ئىچىدە ئىمران ئىسىملىك ئىككى كىشى ئۆتكەن: ئۇلارنىڭ بىرى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئاتىسى، يەنە بىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئاتىسىدۇر. بۇ ئايەتتىكى ئىمران كۆپىنچە مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئىككىنچى ئىمرانىنى كۆرسىتىدۇ. ھەزرىتى مەريەم ۋە ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام سەۋەبىدىن بۇ ئائىلە ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرى مەرتىۋە ۋە زور شان-شەرەپكە نائىل بولغان ئىدى. مۇپەسسىرلەر ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ نامىنى فاقۇزنىڭ قىزى ھەننە دەپ قەيت قىلغان. (تەپسىر قۇرتۇبى ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىمران ئائىلىسىدىن باشقا يەنە ئۆز ۋاقتىدا جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغان ئۈچ ئائىلىنى تىلغا ئالدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ھەزرىتى ئادەم

ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز قۇدرەت قولى بىلەن ياراتتى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ روھىدىن پۈۋلىدى، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلدۇردى ۋە ئۇنىڭغا بارلىق شەيئىلەرنىڭناملىرىنى بىلدۈردى. ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزدى، ئاندىن ئۇنى جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈردى. بۇنداق قىلىشتا ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلەر بار ئىدى.

ئىككىنچىسى، نۇھ ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇنداق بىر دەۋردە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدىكى، ئۇ زاماندا كىشىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلدى، ئۇ قەۋمىنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا 950 يىل دەۋەت قىلدى، لېكىن ئۇنىڭغا ئازغىنە كىشىلەردىن باشقىلار ئىمان ئېيتمىدى، ئاخىرى ئۇ قەۋمىگە قارىتا بەددۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەردىن باشقا، بارلىق كىشىلەرنى تۇپاندا غەرق قىلدى.

ئۈچىنچىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى پەزىلەتتە ئارتۇق قىلدى. ئۇلاردىن پەيغەمبەرلەر ۋە سۇلتانلار سۇلالىسى بارلىققا كەلدى. كۆپ ساندىكى پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ نەسلىدىن بولدى. ھەتتا ئىنسانلارنىڭ سەردارى، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن دۇنياغا كەلدى.

ذُرِّيَّةَۢ بَعۡضُهَا مِنۢ بَعۡضٖۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ٣٤ إِذۡ قَالَتِ ٱمۡرَأَتُ
عِمۡرَٰنَ رَبِّ إِنِّي نَذَرۡتُ لَكَ مَا فِي بَطۡنِي مُحَرَّرٗا فَتَقَبَّلۡ مِنِّيٓۖ إِنَّكَ
أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ٣٥ فَلَمَّا وَضَعَتۡهَا قَالَتۡ رَبِّ إِنِّي وَضَعۡتُهَآ
أُنثَىٰ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا وَضَعَتۡ وَلَيۡسَ ٱلذَّكَرُ كَٱلۡأُنثَىٰۖ وَإِنِّي سَمَّيۡتُهَا
مَرۡيَمَ وَإِنِّيٓ أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ٣٦

***ئۇ ئەۋلادلار بىر - بىرى بىلەن قانداشتۇر (يەنى بىر - بىرىنىڭ نەسلىدىندۇر)①، ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلەرنىڭ نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [34].***

*ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى ساڭا خالىس قىلىپ ئاتىدىم②، (بۇ نەزرەمنى) مەندىن قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دېگەن ئىدى [35]. ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن قىز تۇغۇپ قالدىم③، ــ ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ ــ (مەن تەلەپ قىلغان) ئوغۇل قىزغا ئوخشاش ئەمەس (چۈنكى ئوغۇل كۈچلۈكتۇر)، مەن ئۇنىڭغا مەريەم دەپ ئات قويدۇم④، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»⑤ [36].*

① يەنە بىر مەنىسى، ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى دىندا بىر-بىرىگە ياردەمچى ۋە ھەمكارلاشقۇچىلاردۇر.

② ﴿مُحَرَّرًا﴾ ئۇنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن تامامەن خالاس ۋە ئازات قىلىپ) ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتىگە ئاتىدىم. يەنى ۋەخپە قىلدىم، دېمەكتۇر.

③ بۇ جۈملىدە ھەسرەتمۇ ۋە ئۆزرىمۇ ئىزھار قىلىنغان. كۈتكەن ئۈمىدىمنىڭ ئەكسىچە قىز تۇغۇپ قالدىم، دەپ ھەسرەتنى ئىزھار قىلغان بولسا؛ رەببىم! سېنىڭ رىزالىقىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر خىزمەتكارنى ۋەخپە قىلماقچى ئىدىم، بۇ خىزمەتنى ئەر كىشى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە قىلالايتتى، ئەمدى قەلبىمدىكىنى ئۆزۈڭ بىلگۈچىدۇرسەن، دەپ ئۆزرە بايان قىلدى. (فەتھۇلقەدىر)

④ ھاپىز ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە بۇ ئايەت ۋە باشقا ھەدىسلەرنى دەلىل كەلتۈرۈپ، بالىنىڭ ئىسمىنى تۇغۇلغان كۈنى قويۇش لازىم دەپ يازغان ھەمدە يەتتىنچى كۈنى ئىسىم قويۇش ھەققىدىكى ھەدىسنى زەئىپ دەپ قارىغان. لېكىن ھاپىز ئىبنۇلقەييىم بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىرىنچى، ئۈچىنچى ياكى يەتتىنچى كۈنى قويىسىمۇ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى يازغان. بۇ مەسىلىدە كەڭچىلىك بار. (تۇھفەتۇلمەۋلۇد 110-بەت)

⑤ ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بالىنى تۇغۇلغان ۋاقتىدا شەيتان نوقۇيدۇ (چىمدىيدۇ). شۇ سەۋەبتىن يىغلايدۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى (يەنى ئىيسانى) شەيتاننىڭ نوقۇشىدىن ساقلىغان.» (سەھىھۇل بۇخارى، 4548-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم، 2366-ھەدىس)

فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٍ وَأَنۢبَتَهَا نَبَاتًا حَسَنًا وَكَفَّلَهَا زَكَرِيَّاۖ كُلَّمَا دَخَلَ عَلَيۡهَا زَكَرِيَّا ٱلۡمِحۡرَابَ وَجَدَ عِندَهَا رِزۡقٗاۖ قَالَ يَٰمَرۡيَمُ أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَاۖ قَالَتۡ هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۖ إِنَّ ٱللَّهَ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٍ ﴿٣٧﴾

***پەرۋەردىگارى ئۇنى گۈزەل بىر رەۋىشتە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنى تەربىيەلەشنى زەكەرىيياغا تاپشۇردى (يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىييانى قويدى)① . زەكەرىييا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى② . ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە (جاپا ـ مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ» دەيتتى [37].***

① زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەريەمنىڭ ھاممىسىنىڭ ئېرى ھەم شۇ ۋاقىتتىكى پەيغەمبەر بولغانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى مەريەمگە ئەڭ ياخشى كېپىل بولالايتتى. زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام مەريەمنىڭ ماددى ئېھتىياجىنى قامداپ، ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلىيەلەيتتى.

② ﴿ٱلۡمِحۡرَابَ﴾ دېگەندە ھەزرىتى مەريەم تۇرىدىغان ھۇجرا (ئىبادەتگاھ) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿رِزۡق﴾ (يېمەكلىك) دېگەندە مېۋە-چېۋە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مېۋىلەر، بىرىنچىدىن، پەسلىسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئىبادەتگاھىدا قىش پەسلىدە ياز پەسلىنىڭ مېۋىلىرى، ياز پەسلىدە قىش پەسلىنىڭ

مېۋىلىرى تېپىلاتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭغا زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا نەرسە-كېرەك ئەكىرىپ بېرىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. شۇڭا زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىبادەتگاھىدا شۇنداق مېۋىلەرنى كۆرگەندە ھەيران بولغان ھالدا: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇ گويا ھەزرىتى مەريەمنىڭ كارامىتى ئىدى. ئادەتتىن تاشقىرى يۈز بېرىدىغان ئىشلار مۆجىزە ۋە كارامەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىش پەيغەمبەرنىڭ قولى بىلەن يۈز بەرسە مۆجىزە، باشقا ھەر قانداق بىر ئەۋلىيانىڭ قولى بىلەن يۈز بەرسە كارامەت دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككىسى بەرھەقتۇر، چۈنكى ھەر ئىككى ئىش ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەنلا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيا ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا مۆجىزە ياكى كارامەت كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ مۆجىزە ۋە كارامەت ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىكەنلىكىگە دەلىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كائىنات ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سالاھىيىتى بار دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. بىر قىسىم بىدئەتچىلەر ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلغۇچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاۋامنى شېرىك ئەقىدىلەرگە مۇبتىلا قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەپسىلات مۆجىزىلەر ھەققىدە توختالغاندا بايان قىلىنىدۇ.

هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّهُۥۖ قَالَ رَبِّ هَبۡ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةٗ طَيِّبَةًۖ
إِنَّكَ سَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ٣٨ فَنَادَتۡهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَهُوَ قَآئِمٞ يُصَلِّي فِي
ٱلۡمِحۡرَابِ أَنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكَ بِيَحۡيَىٰ مُصَدِّقَۢا بِكَلِمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَسَيِّدٗا
وَحَصُورٗا وَنَبِيّٗا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ٣٩ قَالَ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٞ
وَقَدۡ بَلَغَنِيَ ٱلۡكِبَرُ وَٱمۡرَأَتِي عَاقِرٞۖ قَالَ كَذَٰلِكَ ٱللَّهُ يَفۡعَلُ مَا
يَشَآءُ ٤٠ قَالَ رَبِّ ٱجۡعَل لِّيٓ ءَايَةٗۖ قَالَ ءَايَتُكَ أَلَّا تُكَلِّمَ ٱلنَّاسَ
ثَلَٰثَةَ أَيَّامٍ إِلَّا رَمۡزٗاۗ وَٱذۡكُر رَّبَّكَ كَثِيرٗا وَسَبِّحۡ بِٱلۡعَشِيِّ
وَٱلۡإِبۡكَٰرِ ٤١

***شۇ ۋاقىتتا (يەنى مەريەمگە بېرىلگەن كارامەتنى كۆرگەن چاغدا)***

*زەكەرىييا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشتكۈچىسەن» دېدى① [38]. ئۇ ئىبادەتگاھدا ناماز ئوقۇپ تۇرۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ساڭا ئاللاھنىڭ (بول!) دېگەن) كەلىمىسى (ئارقىلىق تۆرەلگەن ئىيسانىڭ پەيغەمبەرلىكى)نى تەستىقلىغۇچى، پېشۋا، ناھايىتى پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ②» دەپ نىدا قىلدى [39]. ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن قېرىپ قالغان تۇرسام، ئايالىم تۇغماس تۇرسا، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟» دېدى. (پەرىشتىلەر): «ئاللاھ شۇنىڭدەك (ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردىن) خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى قۇدرىتى ئىلاھىيە ھېچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەس)» دېدى [40]. ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) بىر بەلگە ئاتا قىلغىن» دېدى. ئاللاھ: «ساڭا بېرىلىدىغان بەلگە شۇكى، سەن ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە گەپ قىلالمايسەن (يەنى زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا سۆزگە تىلىڭ كەلمەيدۇ). پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن، (نېمەتكە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەتكىن، ئەتىگەن ـ كەچتە تەسبىھ ئېيتقىن» دېدى③ [41].*

① زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مەريەمگە پەسىلسىز مېۋىلەرنى بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ (گەرچە چېچى ئاقارغان، ئايالى تۇغماس بولسىمۇ) قەلبىدە، كاشكى ئاللاھ ماڭىمۇ ئەنە شۇنداق پەرزەنت ئاتا قىلغان بولسىچۇ، دېگەندەك ئارزۇدا بولدى ھەمدە ئىختىيارسىز پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلىپ، پەرزەنت تىلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت شەرىپىگە نائىل قىلدى.

② «ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى تەستىق قىلغۇچى» يەنى يەھيا ئەلەيھىسسالام ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى تەستىق قىلغۇچى دېمەكتۇر. ھەر ئىككىسى ھامما ۋە جيەن قىزنىڭ باللىرى ئىدى. ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنى قوللىدى. ﴿سَيِّدًا﴾نىڭ مەنىسى پېشۋا، سەردار. ﴿حَصُورًا﴾نىڭ مەنىسى پەرھىزكار، گۇناھلاردىن پاك. ﴿حَصُورًا﴾ «مَحْصُورًا» مەنىسىدە. يەنى بىر جايغا سولاپ قويۇلغاندەك گۇناھقا يېقىن يولمايدىغان دېگەن

مەنـدە. ﴿حَصُورًا﴾نى بەزىلەر كوسا (ساقالسىز) دېگەن مەنـدە ئالغان، بۇ توغـرا ئەمـەس. چۈنكـى بـۇ بـىر مـەدھىيـە جۈملىسـىدۇر. بـىر ئادەمنىـڭ پەزىلىتـى زىكىـر قىلىنىۋاتقان جۈملىـدە ئەيىبلـەش سـۆزىنىـڭ كەلتۈرۈلـشى ئىبارىنىڭ سىياقىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

③ زەكەرىيـا ئەلەيھىسـسالام ياشـىنىپ قالغـان چاغـدا پۈشـتىدىن مۆجىزانـە بـىر بـالا بولىدىغانلىـق ھەققىدىكـى بىشارەتنى ئاڭلاپ، پەرزەنتكە بولغـان ئىشـتىياقى تېخىمـۇ ئاشتى ۋە ئۇنىـڭ نىشـانە ۋە ئالامىتـىنى سوراشقا باشـلىدى. شـۇڭا ئاللاھ تائـالا ئۇنىڭغـا ئـۈچ كۈنگىچـە كىشـىلەرگە گـەپ قىلالماسـلىقنىڭ بـىر بەلگـە ئىكەنلىكىنـى، شـۇ پۈرسـەتتىن پايدىلىنىپ، ئەتىگەن-ئاخشـامدا كۆپـرەك زىكىر-تەسبىھ ئېيتىشىنى ، شـۇنداق قىلسـا، بىرىلمەكچى بولغـان نېمەتكـە شـۈكۈر ئـادا قىلغـان بولىدىغانلىقىنـى ئۇقتـۇردى. بـۇ خـۇددى ئۇنىڭغـا بېرىلگـەن بـىر دەرس ئىـدى. يەنـى ئۇنىڭغـا: ئاللاھ تائـالا تەلىپىڭنـى ئىجابـەت قىلىـپ، سـاڭا كـۆپ نېمەتلەرنـى ئاتـا قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ شۈكۈر ئېيتقىن، دېيىلدى.

وَإِذْ قَالَتِ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ يَـٰمَرْيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصْطَفَىٰكِ وَطَهَّرَكِ وَٱصْطَفَىٰكِ
عَلَىٰ نِسَآءِ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٤٢﴾ يَـٰمَرْيَمُ ٱقْنُتِى لِرَبِّكِ وَٱسْجُدِى وَٱرْكَعِى
مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾ ذَٰلِكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ ۚ وَمَا كُنتَ
لَدَيْهِمْ إِذْ يُلْقُونَ أَقْلَـٰمَهُمْ أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ
يَخْتَصِمُونَ ﴿٤٤﴾

*پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى① [42]. ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىلغىن، سەجدە قىلغىن ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىللە رۇكۇ قىلغىن [43].» (ئى پەيغەمبەر!) بۇ - ساڭا ۋەھيي قىلىۋاتقىنىمىز - غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. ئۇلار مەريەمنى تەربىيەلەشنى تالىشىپ (چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدىمۇ ۋە (بۇ ھەقتە) دەتالاش*

*قىلىشقان چاغدىمۇ سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ② [44].*

① يەنى ھەزرىتى مەريەمگە بېرىلگەن بۇ شەرەپ ۋە پەزىلەت ئۇنىڭ ئۆز زامانىدىكى ئاياللارغا نىسبەتەن شۇنداق ئارتۇق ئىدى. چۈنكى سەھىھ ھەدىسلەردە ھەزرىتى مەريەم بىلەن خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ «دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دېيىلگەن. بەزى ھەدىسلەردە تۆت ئايال پەيغەمبەرلىكتىن باشقا يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن دەپ قەيت قىلىنغان. ئۇلار: ھەزرىتى مەريەم، فىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، خەدىجە ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىنەلەردۇر. (سۈنەنى تىرمىزى 3878-ھەدىس) ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «شەكسىزكى، ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللاردىن ئارتۇقچىلىقى «ثرىد «(شورپىغا چىلانغان نان)نىڭ باشقا تاماقلارغا قارىغاندا ئارتۇق بولغانلىقىغا ئوخشاشتۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى، 3411-، 3769-ھەدىس) يەنە تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ مەزكۇر پەزىلەتلىك ئاياللارنىڭ جۈملىسىدىن سانالغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) خۇلاسە شۇكى، مەزكۇر ئاياللار ئاللاھ تائالا باشقا ئاياللاردىن پەزىلەتتە ئارتۇق قىلغان ياكى ھەر بىرى ئۆز زامانىدىكى ئاياللاردىن ئارتۇق قىلىنغان ئاياللاردۇر، دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

② بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم بىدئەتچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاشتا چەكتىن ئېشىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالاغا ئوخشاش غەيبىنى بىلگۈچى ۋە ھەر جايدا ھازىر-نازىر دەپ خاتا ئېتىقاد پەيدا قىلىۋالدى. بۇ ئايەت ھەر ئىككى خىل خاتا ئېتىقادنى ئوچۇق رەت قىلىدى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيبنى بىلگۈچى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ﴿بۇ - ساڭا ۋەھيي قىلىۋاتقىنىمىز - غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر﴾ دېمىگەن بولاتتى. چۈنكى بىر ئىشنى ئالدىن بىلگۈچىگە ئۇنداق دېيىشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. يەنە ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر جايدا ھازىر-نازىر بولغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ﴿(چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾ دېمىگەن بولاتتى. چەك تاشلاش نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مەريەمنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىشنى خالايتتى، شۇڭا چەك تاشلاشقا توغرا كەلگەن ئىدى. ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇ-ساڭا ۋەھيي قىلىۋاتقىنىمىز-غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر﴾ دېگەن ئايەت

يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە راستچىللىقىغا ئىسپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىدىن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار شەكلىنەتتى. چۈنكى شەرىئەت ۋەھيىسى پەقەت پەيغەمبەرگىلا چۈشىدۇ، باشقىلارغا چۈشمەيدۇ.

إِذۡ قَالَتِ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرۡيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٖ مِّنۡهُ ٱسۡمُهُ ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ وَجِيهٗا فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَمِنَ ٱلۡمُقَرَّبِينَ ﴿٤٥﴾ وَيُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِي ٱلۡمَهۡدِ وَكَهۡلٗا وَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٤٦﴾

***ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا ئۆزىنىڭ (بول!) دېگەن) كەلىمىسى① (ئارقىلىق تۆرىلىدىغان بىر پەرزەنت) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەريەم ئوغلى مەسىھ② ئىيسادۇر، ئۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاھقا يېقىن كىشىلەردىن بولىدۇ [45]. ئۇ بۆشۈكتىمۇ (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ ۋە (تەقۋادارلىقتا كامىل) ياخشىلاردىن بولىدۇ»③ [46].***

① ئىيسا ئەلەيھىسسالام كەلىمە (يەنى ئاللاھنىڭ بىر كەلىمىسى) دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەرىقىدە، ئاتىسىز تۆرىلىشى بىر مۆجىزە بولغانلىقىدىن، ئاللاھنىڭ خاس قۇدرىتى ۋە «بول» دېگەن كەلىمىسىدىن يارىتىلغانلىقىدىن ئىدى.

② ﴿ٱلۡمَسِيحُ﴾ دېگەن «مَسَحَ»دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، زېمىندا كۆپ ساياھەت قىلغۇچى ياكى قولى بىلەن سىلاپ قويغۇچى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. چۈنكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق كېسەلنى سىلاپ قويسا، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ساقىيىپ كېتەتتى. بۇ ئىككى مەنا ئېتىبارى بىلەن ﴿ٱلۡمَسِيحُ﴾ دېگەن سۆز «فعيل» ۋەزنىدە، «فاعل» مەنىسىدە كەلگەن بولىدۇ. قىيامەت يېقىن بولغاندا چىقىدىغان دەججالمۇ ﴿ٱلۡمَسِيحُ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىدا ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچىسى، ﴿ٱلۡمَسِيحُ﴾ دېگەن سۆز «فعيل» ۋەزنىدە، «مفعول»

مەنىسىدە يەنى «ممسوح العين» (بىر كۆزى ئويۇۋېتىلگەن يەكچەشمە) دېگەن مەنىدە كەلگەنلىكتىن. ئىككىنچىسى، دەججالنىڭ زېمىندا كۆپ ساياھەت قىلغۇچى بولغانلىقىدىن، چۈنكى، ئۇ مەككە ۋە مەدىنىدىن باشقا دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا يېتىپ بارىدۇ، (سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىم) بەزى رىۋايەتتە بەيتۇلمۇقەددەسكە بارالمايدۇ. ئۇ دۇنيادا كۆپ جايلارغا بارغانلىقى سەۋەبىدىن «اَلْمَسِيْحُ الدَّجَّال» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قەيت قىلغان سۆزىدۇر. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە مەسىھ دېگەن يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ئاتالغۇلىرىدا ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۆزدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ بۇ ئاتالغۇسى ﴿أُولُوا الْعَزْمِ﴾ دەپ ئاتىلىدىغان يۇقىرى «مەرتىۋىلىك پەيغەمبەر» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن بىر مەنىدە. دەججالنىڭ «مەسىھ» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، يەھۇدىيلارغا مەسىھ ئىسىملىك بىر قۇتقۇزغۇچى بىلەن بېشارەت بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئەمما ئۇلار خاتالاشقان ھالدا ئۇنىڭ چىقىشىنى ھازىرغا قەدەر كۈتۈپ تۇرماقتا. دەججال ئەنە شۇ «مەسىھ» دېگەن نام بىلەن چىقىدۇ. يەنى ئۇ ئۆزىنى ئەنە شۇ يەھۇدىيلار كۈتۈپ تۇرغان قۇتقۇزغۇچى «مەسىھ» دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دەۋاسىدا شۇ قەدەر يالغانچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىق قىلىدۇكى، تارىختا ۋە كەلگۈسىدە ئۇنىڭ مىسالى تېپىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دەججال دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىيسا» دېگەن ئەرەبچە سۆز بولماستىن ئەجەمى سۆزدۇر. ئەمما بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە «ئىيسا» دېگەن سۆز «عَاسَ، يَعُوْسُ»دىن تۈرلىنىپ چىققان ئەرەبچە سۆز بولۇپ، باشقۇرۇش ۋە سىياسەت يۈرگۈزۈش دېگەن مەنىدە. (تەپسىر قۇرتۇبى ۋە فەتھۇلقەدىر)

③ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە سۆزلىگەنلىكى قۇرئان كەرىم سۈرە مەريەمدە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا سەھىھ ھەدىسلەردە باشقا ئىككى بوۋاقنىڭ سۆزلىگەنلىكى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىيسا، جۇرەيجنىڭ زامانىسىدىكى بىر بوۋاق بالا ۋە يەنە بىر بوۋاقتىن ئىبارەت ئۈچ بوۋاقتىن باشقىسى بۆشۈكتە سۆزلىگەن ئەمەس.» (سەھىھۇل بۇخارى 3436-ھەدىس) بۇ رىۋايەتتە جەمئىي ئۈچ بوۋاقنىڭ سۆزلىگەنلىكى قەيت قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىدىندۇر. چۈنكى ئۇلاردىن باشقا سەھىھ مۇسلىمدا ئەسھابۇلئۇخدۇد ۋەقەسىدە سۈت ئېمىۋاتقان بىر بوۋاقنىڭ

سۆزلىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. يەنە ھەزرىتى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ھۆكۈم قىلغۇچى گۇۋاھچىنىمۇ بوۋاق ئىدى دېگەن مەشھۇر بىر رىۋايەت بار، ئەمما بۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇ بىر ساقاللىق كىشى ئىدى. (زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمى881 ـ ھەدىس)

﴿كَهْلًا﴾ ﴿ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ﴾ دېگەننى بەزى مۇپەسسىرلەر: ئىيسا ئەلەيھىسسالام چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلىدۇ ۋە پەيغەمبەر بولىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە «سۆزلەيدۇ»نىڭ مەنىسى، قىيامەت يېقىنلاشقاندا ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدۇ، دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆز ناھايىتى ئىشەنچلىك سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن بولۇپ، ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ ئەقىدىسىدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە قۇرتۇبى)

قَالَتْ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي وَلَدٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِي بَشَرٌ ۖ قَالَ كَذَٰلِكِ اللَّهُ
يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ ۚ إِذَا قَضَىٰ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُن فَيَكُونُ ﴿٤٧﴾
وَيُعَلِّمُهُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَالتَّوْرَاةَ وَالْإِنجِيلَ ﴿٤٨﴾ وَرَسُولًا إِلَىٰ
بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنِّي قَدْ جِئْتُكُم بِآيَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ ۖ أَنِّي أَخْلُقُ لَكُم
مِّنَ الطِّينِ كَهَيْئَةِ الطَّيْرِ فَأَنفُخُ فِيهِ فَيَكُونُ طَيْرًا بِإِذْنِ اللَّهِ ۖ
وَأُبْرِئُ الْأَكْمَهَ وَالْأَبْرَصَ وَأُحْيِي الْمَوْتَىٰ بِإِذْنِ اللَّهِ ۖ وَأُنَبِّئُكُم بِمَا
تَأْكُلُونَ وَمَا تَدَّخِرُونَ فِي بُيُوتِكُمْ ۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَةً لَّكُمْ إِن
كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٤٩﴾

*مەريەم: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھېچبىر ئىنسانىنىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا (يەنى ئەرلىك بولمىسام)، مېنىڭ قانداقمۇ بالام بولىدۇ؟» دېدى. (پەرىشتە ئېيتتى): «ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ (يەنى ئاتا ـ ئانا ئارقىلىقمۇ ۋە ئۇنىڭسىزمۇ يارىتىدۇ). ئۇ بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ‹بول› دەيدۇ ـ دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ»① [47]. ئاللاھ ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى②، ھېكمەتنى*

*(يەنى سۆز ھەرىكەتتە توغرا بولۇشىنى)، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ [48]. ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ:) «شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەر ئۈچۈن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن③، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن ـ دە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ قۇش بولىدۇ. يەنە (ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن) تۇغما كورنى، بەرەس كېسەللىنى ساقايتىمەن، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن④، مەن سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردا يېمەكلىكلەردىن نېمىنى يەپ، نېمىنى ساقلاپ قويىدىغانلىقىڭلاردىنمۇ خەۋەر بېرىمەن (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). شەكسىزكى، ئەگەر (ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىگە) ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار [49].*

① يەنى سېنىڭ بۇنىڭغا ھەيران قالغانلىقىڭ ئۆز ئورنىدا توغرا، ئەمما ئىلاھىي قۇدرەت ئالدىدا بۇ ھېچ مۇشكۈل ئەمەس. ئۇ قاچان بىر نەرسە يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، «بول» دېگەن بۇيرۇق بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە، ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبسىزلا ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

② تەرجىمىدە بايان قىلىنغاندەك بۇ يەردىكى ﴿الۡكِتٰبَ﴾ دېگەن خەت يېزىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، بۇ تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن باشقا بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىنى ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان. (تەپسىر قۇرتۇبى) ياكى ئايەتتىكى ﴿تەۋراتنى، ئىنجىلنى﴾ دېگەن ئىبارە ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن ﴿الۡكِتٰبَ وَ الۡحِكۡمَةَ﴾نى ئىزاھلاپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

③ ﴿اَخۡلُقُ لَكُمۡ﴾ سىلەر ئۈچۈن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىنى ۋە تەخمىنىي ھەيكىلىنى ياسايمەن دېگەن مەنىدە كەلگەن. (تەپسىر قۇرتۇبى) ﴿اَخۡلُقُ﴾ دېگەن بۇ يەردە يارىتىمەن دېگەن مەنىدە كەلمىگەن. چۈنكى يارىتىشقا پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا قادىردۇر. ئاللاھ ئۆزىلا يارىتقۇچى خالىقتۇر، بۇ يەردە ئۇ سۆز «شەكلىنى ۋە سۈرىتىنى ياسايمەن» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

④ ئىككىنچى قېتىم يەنە ﴿بِإِذْنِ اللّٰهِ﴾ «ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن» دېيىشتىكى مەقسەت: ھېچكىم مېنى ئىلاھي سۈپەتلەرگە ئىگە ياكى قۇدرەتلىك دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، مەندە ئىلاھلىق سۈپەت يوق، مەن بىر ئاجىز بەندە ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمەن، مېنىڭ قولۇمدا زاھىر بولغان بۇ مۆجىزىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەنلا بولۇۋاتىدۇ، دېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ھەر پەيغەمبەرگە، ئۇنىڭ راستلىقى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ زامانىدىكى ئەھۋالغا مۇناسىپ كېلىدىغان مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا سېھىرگەرلىك ۋە سېھىرگەرلەرنى چوڭ بىلىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنداق مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدىكى، ئەڭ چوڭ سېھىرگەرلەرمۇ ئۇنىڭ مۆجىزىسى ئالدىدا مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ئايان بولدى ۋە ئىمان ئېيتتى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام تىبابەت كامالەتكە يەتكەن بىر دەۋردە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش، تۇغما كورنى ۋە ئاق كېسەلنى ساقايتىش قاتارلىق مۆجىزىلەر ئاتا قىلىندى، بۇ ئۇنىڭ زامانىدىكى ئەڭ ئۇستا تېۋىپ ۋە دوختۇرلارمۇ قادىر بولالمىغان ئىشلار ئىدى. شۇنىڭدەك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ تىل-ئەدەبىيات تەرەققى قىلىپ، شېئىرىيەت، پاساھەت ۋە ئىستىلىستىكا تازا كامالەتكە يەتكەن زامانلاردا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پاساھەتتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك بولغان مۆجىزە قۇرئان كەرىم ئاتا قىلىندى. دۇنيادىكى بارلىق ئەدىبلەر، يازغۇچىلار ۋە شائىرلار ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلدى. پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلار بىرلىشىپ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ياكى ئۇنىڭدىكىگە ئوخشاش بىر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، دەپ جەڭ ئېلان قىلىندى، بۈگۈنگە قەدەر ھېچكىم قۇرئاننىڭ سۈرىسىگە ئوخشاش بىر سۈرىنى كەلتۈرەلمىدى ۋە قىيامەتكىچە ھەرگىز كەلتۈرەلمەيدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَىٰةِ وَلِأُحِلَّ لَكُم بَعْضَ الَّذِي حُرِّمَ عَلَيْكُمْ ۚ وَجِئْتُكُم بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَاتَّقُوا اللَّهَ

وَأَطِيعُونِ ﴿٥٠﴾ إِنَّ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ ۗ هَٰذَا صِرَٰطٌ
مُّسْتَقِيمٌ ﴿٥١﴾

***مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن (كەلدىم) ①. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [50]. شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر»② [51].***

① «ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەر» دېگەندە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاش يۈزىسىدىن ھارام قىلىۋەتكەن نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئىختىلاپلىشىپ، ئۆزلىرىچە ھارام دەپ قارار قىلغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئالغان قارارلىرىدا خاتالاشقاندى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇ خاتالىقنى تۈزىتىپ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھالال قىلىپ بەردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى مەن ۋە سىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقىمىزنى ئىزھار قىلىشتا باراۋەرمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىلاھلىقىغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماسلىق بىردىنبىر توغرا يولدۇر.

۞ فَلَمَّآ أَحَسَّ عِيسَىٰ مِنۡهُمُ ٱلۡكُفۡرَ قَالَ مَنۡ أَنصَارِيٓ إِلَى ٱللَّهِۖ
قَالَ ٱلۡحَوَارِيُّونَ نَحۡنُ أَنصَارُ ٱللَّهِ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَٱشۡهَدۡ بِأَنَّا
مُسۡلِمُونَ ﴿٥٢﴾ رَبَّنَآ ءَامَنَّا بِمَآ أَنزَلۡتَ وَٱتَّبَعۡنَا ٱلرَّسُولَ فَٱكۡتُبۡنَا
مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٣﴾ وَمَكَرُواْ وَمَكَرَ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلۡمَٰكِرِينَ ﴿٥٤﴾

***ئىيسا ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)دىن كۇفرىنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ،***

***ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا①: «ئاللاھ ئۈچۈن (ئاللاھقا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەمچى بولىدۇ؟» دېدى②. ھەۋارىيلار (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقىي مۇئمىنلەر) ③ ئېيتتى: «ئاللاھ ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەمچى بولىمىز، ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز شەكسىز مۇسۇلمانلارمىز [52]. ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى ئىنجىلغا) ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق. بىزنى (ھەقىقەتكە) گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر قاتارىدا قىلغىن. [53]» (يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئاللاھ ئۇلارغا قارشى تەدبىر قوللاندى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). ئاللاھ تەدبىر قوللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر④ [54].***

① يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ كۇفرىنى يەنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئۇلارنىڭ گۇمانلىق ھەرىكەتلىرى ۋە سۇيىقەست پىلانلىرىنى سەزگەن چاغدا.

② كۆپىنچە پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىدىن ئەزىيەت كەلگەندە، زاھىرىي سەۋەب قىلىش قائىدىسى بويىچە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يۇقىرى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ياردەم سورىغان. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قۇرەيشلىكلەر ئۇنىڭ دەۋەت يولىدا توسالغۇ بولغان چاغدا، ھەجگە كەلگەن كىشىلەردىن رەبىبىنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشكە ياردەمچى بولۇشنى ۋە ئۇنىڭغا ماكان ھازىرلاپ بېرىشنى سورىغان ئىدى. ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئەنسارلار ئاۋاز قوشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىجرەتتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قوللىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ماكان بەردى. شۇنىڭدەك ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ يەردە قەۋمىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇ يەردىكى ياردەم تەلەپ قىلىش سەۋەبتىن تاشقىرى ئىشلاردا ياردەم تەلەپ قىلىشقا كىرمەيدۇ. چۈنكى سەۋەبتىن تاشقىرى ئىشلاردا ئاللاھنىڭ غەيرىيدىن ياردەم تەلەپ قىلىش شېرىكتۇر. ھەربىر پەيغەمبەر شېرىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر گۇناھنى سادىر قىلسۇن؟ مازارغا چوقۇنغۇچىلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھ ئۈچۈن (ئاللاھقا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەمچى بولىدۇ؟» دېگەن سۆزىنى

دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلۇپ كەتكەن كىشىلەردىن ياردەم سوراشنى توغرا دەپ قارايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ھىدايەت بەرگەي.

③ ﴿الْحَوَارِيُّونَ﴾ بولسا «حَوَارِيٌّ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەنسارلار (ياردەمچىلەر) دېگەن مەنىدە. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ لِكُلِّ نَبِيٍّ حَوَارِيًّا وَحَوَارِيَّ الزُّبَيْرُ» «ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ خاس ياردەمچىسى بولغان، مېنىڭ ياردەمچىم زۇبەير (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى 2846 ـ ھەدىس)

④ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا شام زېمىنى رۇملۇقلارنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. رۇملۇقلارنىڭ پادىشاھى كاپىر ئىدى، يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى بۇزغۇنچى ۋە ھارامدىن بولغان (ئاللاھقا سېغىنىپ بۇنداق دېيىشتىن پاناھ تىلەيمىز) دېگەندەك ھەرخىل بوھتانلار بىلەن كاپىر پادىشاھقا چاقتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر كىشىنى ئىيسا دەپ گۇمان قىلىپ، تۇتۇپ دارغا ئاستى.

إِذْ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَىٰٓ إِنِّى مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَىَّ وَمُطَهِّرُكَ مِنَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ وَجَاعِلُ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوكَ فَوْقَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِلَىٰ يَوْمِ
ٱلْقِيَٰمَةِ ۖ ثُمَّ إِلَىَّ مَرْجِعُكُمْ فَأَحْكُمُ بَيْنَكُمْ فِيمَا كُنتُمْ فِيهِ
تَخْتَلِفُونَ ﴿٥٥﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فَأُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا شَدِيدًا فِى
ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٥٦﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٧﴾

***ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىيسا! مەن سېنى ئېلىپ كېتىمەن①، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن) ②، ساڭا***

*ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن③. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر. شۇ چاغدا، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئىيسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن [55]. كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلارنى بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلايمەن، ئۇلارغا ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ [56]. » ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بېرىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ (زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدىغان زات قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟) [57]*

① «المتوفى» دېگەن «تُوُفِّيَ»دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى «وفى «دۇر. ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى تولۇق ئېلىش دېمەكتۇر. ئۆلۈپ كەتكەن ئىنسان ئۈچۈن «توفى» «ۋاپات بولدى» دەپ ئىشلىتىشنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ جىسمانى كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ تولۇق ئېلىۋېلىنغانلىقىدىندۇر. بۇ ئېتىبار بىلەن «ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش» بۇ پېئىلنىڭ بىر نەچچە خىل مەنىلىرى ئىچىدىكى بىر مەنىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سۆزنى كۆپ ئايەتلەردە ئۇيقۇ مەنىسىدە ئىشلەتتى. چۈنكى ئىنسان ئۇخلىغان چاغدا ئىش-ھەرىكەتتىن ۋاقىتلىق توختاپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى تولۇق ئېلىشتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ﴿اِنِّي مُتَوَفِّيكَ﴾ نىڭ مەنىسى «مەن سېنى تولۇق ئالىمەن» دېگەن بولىدۇ. يەنى ئۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. يەنى ئى ئىيسا! مەن سېنى يەھۇدىيلارنىڭ شەررىدىن ساقلاپ، سېنى ئاسمان تەرەپكە دەرگاھىمغا (جىسمىڭ ۋە روھىڭ بىلەن) تولۇق ئالىمەن، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزنىڭ كۆچمە مەنىدە كۆپ قوللانغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنى ئۆلۈم مەنىسىدە. يەنى سېنى قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى ۋاپات قىلدۇرىمەن دېگەن مەنىدە ئالغان. ھەمدە مۇنداق قوشۇمچە قىلغان: ئايەتتىكى سۆزلەردە ئىلگىرى-كېيىنلىك بار، يەنى ﴿رَافِعُكَ﴾ «سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن» ئىلگىرى، ﴿مُتَوَفِّيكَ﴾ «مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن» كېيىن كېلىدۇ. يەنى ئاۋۋال مەن سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن، ئاندىن كېيىن دۇنياغا چۈشۈرىمەن، ئەجىلىڭ كەلگەندە قەبزى روھ قىلىمەن. يەنى سەن يەھۇدىيلارنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلمەيسەن بەلكى ساڭا تەبىئىي ئۆلۈم كېلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ يەردىكى «پاك قىلىش» دېگەندە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلار چاپلىغان بوھتانلاردىن پاكلىقنى ئىسپاتلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەقىقەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇنىڭ پاكلىقى دۇنياغا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىلدى.

③ بۇنىڭدىن ناسارالارنىڭ يەھۇدىيلار ئۈستىدىن قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان دۇنيادىكى غەلىبىسى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ناسارالار ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئەقىدىسى سەۋەبىدىن ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ ياكى بۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئۇممەت ھەقىقەتتە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ بۇرمىلانمىغان توغرا دىنىغا ئەگىشىدىغان ئۇممەتتۇر.

ذَٰلِكَ نَتْلُوهُ عَلَيْكَ مِنَ ٱلْءَايَٰتِ وَٱلذِّكْرِ ٱلْحَكِيمِ ﴿٥٨﴾ إِنَّ مَثَلَ
عِيسَىٰ عِندَ ٱللَّهِ كَمَثَلِ ءَادَمَ ۖ خَلَقَهُۥ مِن تُرَابٍ ثُمَّ قَالَ لَهُۥ كُن
فَيَكُونُ ﴿٥٩﴾ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُن مِّنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿٦٠﴾ فَمَنْ
حَآجَّكَ فِيهِ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ فَقُلْ تَعَالَوْا۟ نَدْعُ
أَبْنَآءَنَا وَأَبْنَآءَكُمْ وَنِسَآءَنَا وَنِسَآءَكُمْ وَأَنفُسَنَا وَأَنفُسَكُمْ ثُمَّ
نَبْتَهِلْ فَنَجْعَل لَّعْنَتَ ٱللَّهِ عَلَى ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٦١﴾ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ ٱلْقَصَصُ
ٱلْحَقُّ ۚ وَمَا مِنْ إِلَٰهٍ إِلَّا ٱللَّهُ ۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٦٢﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) بۇ بولسا ساڭا بىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەردۇر ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر [58]. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىيسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئادەمنىمۇ (ئاتا - ئانىسىز ھالدا) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «بول» دېدى - دە، ئۇ دەرھال بولدى (ئىيسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس) [59]. (ئىيسا ھەققىدىكى بۇ سۆز)***

*رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، شۇڭا سەن شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن [60]. ساڭا (ئىيسا توغرۇلۇق ھەقىقىي) مەلۇمات كەلگەندىن كېيىن، كىمكى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار! ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى چاقىرايلى، ئاندىن ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى» دېگىن① [61]. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە راست قىسسىلەردۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [62].*

① بۇ مۇباھەلە ئايىتى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇباھەلە ئىككى گۇرۇھ بىرلىكتە بىر-بىرىگە لەنەت تىلەپ، بەتدۇئا قىلىش دېمەكتۇر. يەنى ئىككى گۇرۇھ بىر ئىشنىڭ توغرا يا خاتالىقى ھەققىدە تالىشىپ قالسا، دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، ھەر ئىككىسى ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، «ئى ئاللاھ! بىزدىن كىم يالغانچى بولسا، ئۇنىڭغا لەنەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىدۇ. بۇ ئايەت ھىجرىيىنىڭ 9-يىلى نەجران قەبىلىسىدىن كەلگەن خرىستىئان ئەلچىلەر توغرىسىدا چۈشكەن. بۇ ئەلچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ چەكتىن ئاشقان خاتا ئېتىقادلىرى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى، ئاخىرىدا بۇ ئايەت نازىل بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇباھىلىگە دەۋەت قىلدى. ئۇ ئۆزىگە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، فاتىمە، ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەينلەرنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىۋالدى ۋە ناسارالارغا: «سىلەرمۇ باللىرىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار، ھەممىمىز بىرلىكتە يالغانچىغا بەتدۇئا قىلايلى» دېدى. ناسارالار ئۆزئارا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بەددۇئا قىلىشماسلىق قارارىغا كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىزدىن نېمە سورىساڭ بېرىشكە تەييارمىز، سەن ئىشەنچلىك بىر كىشىنى بىز بىلەن ئەۋەتكىن» دېگەن تەكلىپنى قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى جىزيە تۆلەشكە بۇيرىدى، ئۇنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى «بۇ مۇشۇ ئۇممەت ئىچىدىكى ئىشەنچلىك كىشى» دەپ سۈپەتلىگەن ساھابە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئەلجەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇلار بىلەن بىللە ئەۋەتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر، فەتھۇلقەدىر

ۋە باشقا كىتابلار دىن قىسقارتىپ ئېلىندى) بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ۋە ناسارالار) تەۋھىدكە دەۋەت قىلىنىدۇ.

فَإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٦٣﴾ قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ
تَعَالَوْاْ إِلَىٰ كَلِمَةٖ سَوَآءِۭ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلَّا نَعْبُدَ إِلَّا ٱللَّهَ وَلَا نُشْرِكَ
بِهِۦ شَيْـًٔا وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا أَرْبَابٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِۚ فَإِن تَوَلَّوْاْ
فَقُولُواْ ٱشْهَدُواْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ ﴿٦٤﴾ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تُحَآجُّونَ فِيٓ
إِبْرَٰهِيمَ وَمَآ أُنزِلَتِ ٱلتَّوْرَىٰةُ وَٱلْإِنجِيلُ إِلَّا مِنۢ بَعْدِهِۦٓۚ أَفَلَا
تَعْقِلُونَ ﴿٦٥﴾

*ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرۈسە* *ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) يەنە باش تارتسا (ئۇلار چوقۇم بۇزغۇنچىلاردۇر)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ [63]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك①، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى رەب قىلىۋالماسلىقتەك② ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە) كېلىڭلار». (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئۇلار (بۇ گۈزەل دەۋەتنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتسا، (ئۇلارغا): «ئۇنداقتا، سىلەر بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار» دەڭلار③ [64]. ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (نېمە ئۈچۈن ئىبراھىمنى ئۆزۈڭلارنىڭ دىنىدا دەپ دەۋا قىلىسىلەر؟) ھالبۇكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئىبراھىمدىن كېيىن نازىل بولغان تۇرسا، (سۆزۈڭلارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى) چۈشەنمەمسىلەر؟④ [65].*

① بۇتنى، كرىستنى، ئوتنى ۋەياكى ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك قىلماسلىق ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتەك ئورتاق ئەقىدىگە ئەمەل قىلايلى!

② بۇ ئايەت مۇنداق ئىككى مەسىلىگە ئىشارەت قىلىدۇ: بىرىنچى، سىلەرنىڭ ئىيسا ۋە ئۇزەيىر ئەلەيھىسسالاملارنى رەب قىلىۋالغانلىقىڭلار توغرا ئەمەس، ئۇلار رەب ئەمەس بەلكى ئىنساندۇر. ئىككىنچى، سىلەرنىڭ ئۆز راھىب ۋە ھىبىرلىرىڭلارنى ھالال ۋە ھارام قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىڭلارمۇ توغرا ئەمەس، بۇمۇ ئۇلارنى رەب قىلىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى﴾. (سۈرە تەۋبە 31-ئايەت) ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىش ھوقۇقى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر).

③ قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ ھۆكمىگە ئاساسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرەقلىگە مەكتۇپ ئەۋەتتى، مەزكۇر ئايەتتىكى مەزمۇن بويىچە ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. مەكتۇپنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى: «ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگە، توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ سالامى بولسۇن! مۇسۇلمان بولغىن، سالامەت قالىسەن! مۇسۇلمان بولغىن، ئاللاھ سېنىڭ ئەجرىڭنى قوشلاپ بېرىدۇ! ئەگەر يۈز ئۆرۈسەڭ سېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭ ئاستىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ» دەپ مەكتۇپقا بۇ ئايەتنى يازدى (سەھىھۇل بۇخارى 7-ھەدىس)

بۇ ئايەتتە ئۈچ نۇقتا تىلغا ئېلىنىدى:

1. پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش.

2. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق.

3. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنى شەرىئەت قانۇنى تۈزگۈچى، ھالال-ھارام قىلغۇچى رەب دەپ ئېتىقاد قىلماسلىق.

بۇ ئۈچ نۇقتا «ئورتاق بولغان بىر سۆز ۋە تەۋھىد ئەقىدىسى» بولۇپ، ئەھلى كىتاب ئۇنىڭ ئاساسىدا بىرلىشىشكە چاقىرىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى چېچىلىپ كەتكەن ئۈممەتنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئەنە شۇ

ئۇچ نۇقتا ئۈز ئىچىگە ئالغان ئورتاق بىر سۆز ۋە ئەقىدىنى بىرىنچى ئاساس قىلىش لازىم.

④ يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەنلىكىنىڭ سەۋەبى: يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى پىرقە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا ئىدى دەپ دەۋا قىلاتتى. ھالبۇكى يەھۇدىيلار ئىمان ئېيتقان تەۋرات ۋە ناسارالار ئېتىراپ قىلغان ئىنجىل ھەر ئىككىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن نەچچە ئەسىر كېيىن چۈشكەن ئىدى. ئۇنداقتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قانداقمۇ يەھۇدىي دىنىدا ياكى خىرىستىئان دىنىدا بولسۇن؟ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن مىڭ يىل بۇرۇن ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن. (تەپسىر قۇرتۇبى)

هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ حَٰجَجۡتُمۡ فِيمَا لَكُم بِهِۦ عِلۡمٞ فَلِمَ تُحَآجُّونَ فِيمَا لَيۡسَ لَكُم بِهِۦ عِلۡمٞۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٦٦﴾ مَا كَانَ إِبۡرَٰهِيمُ يَهُودِيّٗا وَلَا نَصۡرَانِيّٗا وَلَٰكِن كَانَ حَنِيفٗا مُّسۡلِمٗا وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٦٧﴾ إِنَّ أَوۡلَى ٱلنَّاسِ بِإِبۡرَٰهِيمَ لَلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ وَهَٰذَا ٱلنَّبِيُّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۗ وَٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٦٨﴾ وَدَّت طَّآئِفَةٞ مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ لَوۡ يُضِلُّونَكُمۡ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡ وَمَا يَشۡعُرُونَ ﴿٦٩﴾

***(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) سىلەر شۇنداق كىشىلەر ئىكەنسىلەركى، ئۆزۈڭلار بىلىدىغان نەرسىلىرىڭلار ئۈستىدە مۇنازىرىلەشتىڭلار، ئەمدى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ دىنى) ئۈستىدە نېمىشقا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (ئىبراھىمنىڭ ئىشىدىكى ھەقىقەتنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»① [66]. ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى (ئىتائەتمەن) مۇسۇلمان ئىدى②،***

***مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى [67]. شەكسىزكى، ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە (بۇ پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقانلاردۇر③. ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر [68]. ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سىلەرنى ئازدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ (بۇنىڭ ۋابالى ئۇلارغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىش بىلەن ئۆزلىرىگىلا قايتىدۇ). (لېكىن) ئۇلار بولسا (بۇنى) تۇيمايدۇ④ [69].***

① سىلەر بىلىدىغان نەرسەڭلار يەنى دىنىڭلار ۋە كىتابىڭلار ھەققىدىكى دەتالاشلىرىڭلار ئاساسسىز ھەم بىمەنىدۇر.) ئالدىنقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانىدەك (شۇنداق تۇرۇپ، سىلەر نېمىشقا ئەزەلدىن بىلمەيدىغان ئىشلار ھەققىدە مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ تەۋھىد ئاساسىغا قۇرۇلغان توغرا دىنى ئۈستىدە نېمىشقا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟

② ﴿حَنِيْفًا مُّسْلِمًا﴾ (توغرا ئەقىدىگە ئىگە خالىس مۇسۇلمان (يەنى شېرىكتىن بىزار، پەقەت بىر ئاللاھقا چوقۇنغۇچى دېگەن مەنىدە.

③ شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلدى. ﴿باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن﴾. (سۈرە نەھل 123-ئايەت) يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «شەكسىزكى، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىن يېقىن دوستلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مېنىڭ يېقىن دوستۇم مېنىڭ بوۋام ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىمنىڭ دوستى (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) دۇر» دەپ بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى.) سۈنەنى تىرمىزى 2995-ھەدىس)

④ بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئازدۇرماقچى بولىدىغانلىقى پاش قىلىندى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ تۇيماستىن ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئازدۇرىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى.

يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لِمَ تَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَأَنتُمۡ تَشۡهَدُونَ ﴿٧٠﴾
يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لِمَ تَلۡبِسُونَ ٱلۡحَقَّ بِٱلۡبَٰطِلِ وَتَكۡتُمُونَ ٱلۡحَقَّ
وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٧١﴾ وَقَالَت طَّآئِفَةٞ مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ ءَامِنُواْ بِٱلَّذِيٓ
أُنزِلَ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَجۡهَ ٱلنَّهَارِ وَٱكۡفُرُوٓاْ ءَاخِرَهُۥ لَعَلَّهُمۡ
يَرۡجِعُونَ ﴿٧٢﴾ وَلَا تُؤۡمِنُوٓاْ إِلَّا لِمَن تَبِعَ دِينَكُمۡ قُلۡ إِنَّ ٱلۡهُدَىٰ
هُدَى ٱللَّهِ أَن يُؤۡتَىٰٓ أَحَدٞ مِّثۡلَ مَآ أُوتِيتُمۡ أَوۡ يُحَآجُّوكُمۡ عِندَ رَبِّكُمۡۗ
قُلۡ إِنَّ ٱلۡفَضۡلَ بِيَدِ ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ﴿٧٣﴾

***ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە كىتابىڭلاردا كەلگەن) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇلارنى ئىنكار قىلىسىلەر؟① [70]. ئى ئەھلى كىتاب! نېمە ئۈچۈن ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرىسىلەر ۋە بىلىپ تۇرۇپ ھەقنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابلىرىڭلاردىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىسىلەر؟② [71]. ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى: «مۇئمىنلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىڭلار، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار (ئىماندىن) يېنىشى مۇمكىن③. سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئەگەشكەنلەردىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەڭلار» ④دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، توغرا يول ئاللاھنىڭ يولىدۇر»⑤. (يەھۇدىيلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە) «بىرەرسىگە سىلەرگە بېرىلگەنگە ئوخشاش ۋەھيي بېرىلىشىگە ياكى ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا (مۇنازىرىدە) سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋېلىشىغا⑥ (ئىشەنمەڭلار، ئېتىراپ قىلماڭلار دېيىشتى). (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «پەزل - كەرەم (يەنى پەيغەمبەرلىك) ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ». ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [72-73].***

① «گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپ» يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق

پەيغەمبەرلىكى ۋە راستچىللىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئىنكار قىلىسىلەر؟ دېمەكتۇر.

② بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى چوڭ جىنايىتى پاش قىلىنىپ، ئۇلارغا بۇ جىنايەتلەردىن قول ئۈزۈشكە چاقىرىق قىلىنىۋاتىدۇ. بىرىنچى جىنايىتى: كىشىلەر ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالماي قالسۇن دەپ راست بىلەن يالغاننى، توغرا بىلەن خاتانى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرىۋېتىش. ئىككىنچى جىنايىتى: ھەقنى يوشۇرۇش. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ھەققىدىكى تەۋراتتا كەلگەن سۈپەتلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇش. دېمەك ئۇلار ئازراق بولسىمۇ ئۆزلىرى تەرەپتىن ئۇنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىزھار قىلماسلىققا ئۇرۇناتتى. بۇ ئىككى جىنايەتنى ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ سادىر قىلغانلىقتىن ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكى ئىككى ھەسسە بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرى سۈرە بەقەرەدىمۇ بايان قىلىنغان. ﴿ھەقنى باتىلغا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار﴾. (سۈرە بەقەر 42-ئايەت) بۇ يەردىكى «ئەھلى كىتاب» دېگەن سۆز بەزى تەپسىرشۇناسلارنىڭ قارىشىچە ئومۇمىي بولۇپ، يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ھەر ئىككىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ھەر ئىككىسى بۇ جىنايەتتىن قول ئۈزۈشكە بۇيرۇلغان. ئەمما بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭدىن پەقەت مەدىنىدە ياشايدىغان يەھۇدىي قەبىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار بەنۇ قۇرەيزە، بەنۇ نەزىر ۋە بەنۇ قەينۇقا قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، بۇ سۆز ئۇلارغا توغرا چۈشىدۇ. چۈنكى مەزكۇر قەبىلىلەر مۇسۇلمانلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىدىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغانلار ئىدى.

③ بۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ يەنە بىر مىكرى بايان قىلىنىدى. يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئازدۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق ھىيلە-مىكىر پىلانلاشقانىدى. ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە: ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، كەچقۇرۇندا يېنىۋېلىڭلار! شۇنداق قىلساڭلار، مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدا ئىسلامغا قارىتا شەك پەيدا بولىدۇ، سىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن يېنىۋالغانلىقىڭلارغا قاراپ، يەھۇدىيلار ئىسلام دىنىدا بىرەر كەمچىلىك ۋە خاتانى بايقىغان بولىشى مۇمكىن، دېگەن ئويغا كېلىدۇ، دېيىشكەن ئىدى.

④ ئۇلار ئۆز ئارا مۇنداق دېيىشكەن ئىدى: سىلەر تاشقى جەھەتتىن مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى ئىزھار قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ دىنداشلىرى (يەھۇدىيلار)دىن باشقا ھېچكىمنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭلار.

⑤ بۇ بىر قىستۇرۇما جۈملە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى جۈملىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئۇنىڭدىن پەقەت ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنىڭ ئەسلىي ھەقىقىتىنى پاش قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى ھىدايەت بولسا ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئاللاھ كىمگە ھىدايەت ئاتا قىلسا ياكى ھىدايەت ئاتا قىلىشنى خالىسا، سىلەرنىڭ ھىيلە-مىكرلىرىڭلار ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

⑥ بۇمۇ يەھۇدىيلارنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، «ئىشەنمەڭلار» دېگەن جۈملىگە باغلىنىدۇ. يەنى سىلەرگە پەيغەمبەر ۋە شەرىئەت كەلگەندەك، باشقىلارغىمۇ پەيغەمبەر ۋە شەرىئەت كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماڭلار! يەھۇدىي دىنىدىن باشقا دىنىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلماڭلار ۋە ئىشەنمەڭلار!

يَخۡتَصُّ بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٧٤﴾

***ئاللاھ رەھمىتىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە خاس قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر① [74].***

① بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بايان قىلىنغان، بىرىنچىسى: يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى شاگىرتلىرىغا: ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىڭلار، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، راست مۇسۇلمان بولغانلارمۇ شەكلىنىپ دىنىدىن يانىدۇ، دەيتتى. ئۇلار يەنە شاگىرتلىرىغا: تاشقى جەھەتتىن مۇسۇلمان بولۇڭلار، ئىچكى جەھەتتىن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولماڭلار، پەقەت يەھۇدىي دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، سىلەرگە بېرىلگەن دىن، ۋەھيى، شەرىئەت ۋە ئىلىم-پەزىلەتلەر باشقىلارغىمۇ بېرىلىدۇ دەپ ئويلىماڭلار، ئۆزۈڭلاردىن باشقىلارنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار،

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆزۈڭلەرگە قارشى پاكىت بولۇپ قالىدۇ ۋە يولۇڭلارنىڭ خاتا بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، دەپ تاپىلايتتى. بۇ مەنىگە ئاساسەن، بۇ ئايەتتىكى قىستۇرما جۈملىدىن باشقا ﴿ عِندَ رَبِّكُم ﴾غىچە كەلگەن پۈتۈن جۈملە يەھۇدىيلارنىڭ سۆزى بولىدۇ.

ئىككىنچى مەنىسى: بۇ يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان خىتاب بولىدۇ. يەنى ئى يەھۇدىيلار! سىلەرنىڭ ھەقىقەتنى باسۇرماق ۋە يوقاتماق ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان ھىيلە-مىكىرلىرىڭلارنىڭ ئارقىسىدا مۇنداق ئىككى غەرەز بار: بىرى، سىلەرگە بېرىلگەن دىن، ۋەھيي، شەرىئەت ۋە ئىلىم-پەزىلەتلەرنىڭ باشقىلارغىمۇ بېرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەسەتخورلۇق يۈزىسىدىن ھەقنى بۇرمىلاشقا ۋە يوقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتىسىلەر، يەنە بىرى، سىلەر بۇ ھەقىقەت ئومۇملىشىپ، ئىسلام دەۋىتى كېڭىيىپ كەتسە، سىلەرنىڭ دۇنيادىكى مەرتىۋەڭلەرنىڭ يوقىلىشىدىن، ھەقنى يوشۇرغانلىقىڭلارنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ھەمدە بۇنى مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە قارشى پاكىت قىلىشىدىن قورقۇۋاتىسىلەر. سىلەر شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، دىن ۋە شەرىئەت ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتىدۇر، ئۇ ھېچكىمنىڭ مىراسى ئەمەس، ئاللاھ ئۇنى كىمگە بېرىشنى خالىسا، شۇنىڭغا بېرىدۇ. ئۇنى كىمگە بېرىش كېرەكلىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

۞ وَمِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ مَنْ إِن تَأْمَنْهُ بِقِنطَارٍ يُؤَدِّهِۦٓ إِلَيْكَ وَمِنْهُم
مَّنْ إِن تَأْمَنْهُ بِدِينَارٍ لَّا يُؤَدِّهِۦٓ إِلَيْكَ إِلَّا مَا دُمْتَ عَلَيْهِ قَآئِمًاۗ
ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا۟ لَيْسَ عَلَيْنَا فِى ٱلْأُمِّيِّۦنَ سَبِيلٌ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ
ٱلْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾ بَلَىٰ مَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِۦ وَٱتَّقَىٰ فَإِنَّ ٱللَّهَ
يُحِبُّ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٧٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ ٱللَّهِ وَأَيْمَٰنِهِمْ ثَمَنًا
قَلِيلًا أُو۟لَٰٓئِكَ لَا خَلَٰقَ لَهُمْ فِى ٱلْءَاخِرَةِ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ وَلَا
يَنظُرُ إِلَيْهِمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٧﴾

*ئەھلى كىتابنىڭ ئارىسىدىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭغا كۆپ پۇل - مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛*

*ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭغا بىر دىنار*
*ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تىكىلىپ تۇرمىغۇچە (يەنى*
*قايتا ـ قايتا سۈيلىمىگۈچە) ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ*
*شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: «ئۈممىيلەرنىڭ پۇل ـ مېلىنى يەۋالساق*
*بىزگە گۇناھ بولمايدۇ (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ*
*پۇل ـماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)» دەيدۇ، ئۇلار بىلىپ*
*تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ① [75]. ئىش ھەرگىز*
*ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ئۇلار باشقا دىندىكىلەرگە زۇلۇم قىلسا*
*گۇناھ بولىدۇ). كىمكى ئەھدىگە ۋاپا قىلسا ۋە گۇناھتىن*
*ساقلانسا، ئاللاھ (ئەنە شۇنداق) تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ②*
*[76]. ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنە مەنپەئەتكە*
*تېگىشىدىغانلارغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋە*
*يوقتۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان)*
*گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ،*
*ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار③*
*.[77]*

① ﴿الْأُمِّيِّنَ﴾ «ئۈممىيلەر» دېگەندە بىلىمسىز، ساۋاتسىز ئەرەب
مۇشرىكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ خىيانەتكار كىشىلىرى:
ئەرەبلەر مۇشرىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ئېلىۋېلىش
ۋە خىيانەت قىلىش بىزگە جايىز، بۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، دەپ دەۋا
قىلاتتى. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى
توقۇيدىغان يالغانچىلار ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدى. ئاللاھ قانداقمۇ
باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە خىيانەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسۇن؟
مۇپەسسىرلەر مۇنداق نەقىل كەلتۈرگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ
سۆزنى ئاڭلىغاندا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى يالغان
ئېيتتى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئامانەتتىن باشقا بارلىق جازانىگە
ئالاقىدار مۇئامىلىلەر بىكار قىلىنىدۇ، ئامانەت ھەر قانداق ئەھۋالدا
چوقۇم ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، مەيلى ئىگىسى ياخشى ئادەم بولسۇن
ياكى يامان ئادەم بولسۇن». (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)
ئەپسۇسكى كۈنىمىزدە بەزى مۇسۇلمانلارمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش،
مۇشرىكلارنىڭ پۇل ـ مېلىنى يەۋېلىش ئۈچۈن دارۇلھەربتە (ئۇرۇش بولۇۋاتقان

يۇرتتا) جازانە قىلىش جايىز، ئۇرۇشقانلارنىڭ مال-مۈلكى ھارام ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس.

③ «كىمكى ئەھدىگە ۋاپا قىلسا» يەنى كىمكى ئەھلى كىتاب بىلەن قىلغان ئەھدىگە ۋاپا قىلسا ياكى ھەربىر پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ھەققىدە ئېلىنغان ئەھدىگە ۋاپا قىلسا، «گۇناھتىن ساقلانسا» يەنى ھارام ئىشلاردىن ساقلانسا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىغان ئىشلارنى ئادا قىلسا، ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئەمىن تېپىپلا قالماستىن يەنە ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىلەردىن بولىدۇ.

③ بۇ يەردە مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقانلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرىنچىسى: ئازغىنە مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسى ۋە قەسەملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغان كىشىلەردۇر. ئىككىنچىسى: يالغان قەسەم بىلەن مال ساتقۇچى ياكى باشقىلارنىڭ پۇل-ماللىرىغا خىيانەت قىلغۇچىلاردۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋنىڭ مال-مۈلكىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم ئىچسە، ئۇ ئاللاھ تائالا بىلەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالەتتە، ئۇچرىشىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 2356-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 138-ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى سۆزلەشمەيدىغان، قارىمايدىغان ۋە (گۇناھلىرىنى) پاكلىمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب باردۇر. ئۇلار: مۇساپىرغا ئۆزىدىكى ئارتۇق سۇنى بەرمىگەن كىشى. يالغان قەسەم ئىچىپ بىر نەرسە ساتقان كىشى. خەلىپىگە دۇنيالىق ئۈچۈن بەيئەت قىلغان كىشى». (سەھىھ مۇسلىم 106-ھەدىس) ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ ھەدىسلەردە بۇ نۇقتا بايان قىلىنغان.

وَإِنَّ مِنۡهُمۡ لَفَرِيقٗا يَلۡوُۥنَ أَلۡسِنَتَهُم بِٱلۡكِتَٰبِ لِتَحۡسَبُوهُ مِنَ
ٱلۡكِتَٰبِ وَمَا هُوَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَيَقُولُونَ هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ وَمَا
هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۖ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ٧٨ مَا

مَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُؤْتِيَهُ ٱللَّهُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحُكْمَ وَٱلنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ
لِلنَّاسِ كُونُوا۟ عِبَادًا لِّى مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَٰكِن كُونُوا۟ رَبَّٰنِيِّۦنَ بِمَا
كُنتُمْ تُعَلِّمُونَ ٱلْكِتَٰبَ وَبِمَا كُنتُمْ تَدْرُسُونَ ﴿٧٩﴾

*ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى تولغاپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ① [78]. ئاللاھ كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغان بىر ئىنساننىڭ كىشىلەرگە: «ئاللاھنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار» دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن (ئۇ ئىنسان): «سىلەر كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار ۋە ئۆگەنگەنلىكىڭلار ئۈچۈن②، (ئۆگەنگەنلىرىڭگە ئەمەل قىلىدىغان) رەببانىي ئالىم بولۇڭلار»③ (دەيدۇ)[79].*

① بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ كىتابى (تەۋرات)نىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپلا قالماستىن يەنە تېخى ئىككى جىنايەت سادىر قىلغان بىر قىسىم يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشلىرى تىلغا ئېلىندى. ئۇ ئىككى جىنايەتنىڭ بىرى: ئۇلار كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى تىللىرىنى ئەگرى-بۈگرى قىلىپ ئوقۇپ، كىشىلەرگە ئاڭلىغانلىرىنى كىتابتا بار ئىكەن، دېگەن ئويغا كەلتۈرەتتى. يەنە بىرى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان-ياۋىداق سۆزلىرىنى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن دەپ دەۋا قىلاتتى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ شۇنداق كىشىلەر باركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «سىلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ يوللىرىغا ئىزمۇئىز ئەگىشىپ كېتىپ قالىسىلەر» دېگەن سۆزىگە ئۇيغۇن كەلگەندەك، دۇنيالىق مەنپەئەت، گۇرۇھۋازلىق ياكى فىقھىي ئىجتىھاد قىلماسلىقتەك سەۋەبلەر تۈپەيلى قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلايدۇ. ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىنى توغرا ئوقۇيدۇ ئەمما شەرھىدە ئۆزلىرىنىڭ خاتا قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى قۇرئاندىكى مەسىلىنى بايان قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار بايان قىلغان

مەسىلىنىڭ قۇرئان بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمايدۇ ياكى ئۇلار ئايەتنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلايدۇ ۋە ئايەتكە ماسلاشتۇرۇپ باشقا مەسىلىنى بايان قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ھۆكۈمدەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن، ئامىن.

② يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق رەببىڭلارغا تېخىمۇ يېقىن تەقۋادار ۋە پەرھىزكارلار بولۇڭلار. مەلۇم بولدىكى، ئاللاھنىڭ كالامىنى بىلىدىغانلار باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىشى زۆرۈردۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدىن ئايان بولدىكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرگە ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار دەپ ئەمر قىلىش ھوقۇقى يوق تۇرسا، باشقا كىشىلەردە قانداقمۇ ئۇنداق ھوقۇق بولسۇن؟ (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ بۇ يەردە ناسارالارغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەزمۇن بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ قىلىۋالدى. ھالبۇكى ئۇ كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىنغان بىر ئىنسان ئىدى. بۇنداق بىر ئىنسان ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە ئاللاھنى قويۇپ، ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار، ماڭا بەندە بولۇڭلار دەپ دەۋا قىلالمايدۇ، بەلكى ئۇ كىشىلەرگە: رەببىڭلارغا ئىخلاسمەن رەبباني-خۇداگۇيلاردىن بولۇڭلار، دەيدۇ. ﴿ رَبَّانِيِّنَ ﴾ دېگىلىرى رەببىگە باغلانغان كىشىلەر، رەببىگە مۇخلىس كىشىلەر، رەببىنىڭ ئەھكاملىرىنى تەلىم بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلىگۈچىلەر، فەقىھ، ئۆلىما ۋە ھۆكۈمالار دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ سۆزگە ئەلىف ۋە نۇن ھەرپلىرىنىڭ قوشۇلغانلىقى ئاشۇرما دەرىجىدىكى سۈپەت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. (فەتھۇلقەدىر ۋە باشقا تەپسىرلەر)

وَلَا يَأۡمُرَكُمۡ أَن تَتَّخِذُواْ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ أَرۡبَابًاۗ أَيَأۡمُرُكُم
بِٱلۡكُفۡرِ بَعۡدَ إِذۡ أَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿٨٠﴾ وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ
لَمَآ ءَاتَيۡتُكُم مِّن كِتَٰبٖ وَحِكۡمَةٖ ثُمَّ جَآءَكُمۡ رَسُولٞ مُّصَدِّقٞ
لِّمَا مَعَكُمۡ لَتُؤۡمِنُنَّ بِهِۦ وَلَتَنصُرُنَّهُۥۚ قَالَ ءَأَقۡرَرۡتُمۡ وَأَخَذۡتُمۡ عَلَىٰ
ذَٰلِكُمۡ إِصۡرِيۖ قَالُوٓاْ أَقۡرَرۡنَاۚ قَالَ فَٱشۡهَدُواْ وَأَنَا۠ مَعَكُم مِّنَ
ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨١﴾

***شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشىڭلارغا بۇيرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟① [80]. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن: «مەن سىلەرگە قانداقلا بىر كىتاب ۋە ھېكمەت ئاتا قىلسام، كېيىن سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىكى شۇ نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) تەستىقلىغۇچى پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە چوقۇم ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك»دەپ چىن ئەھدە ئالغان ئىدى②. ئاللاھ: «بۇ ئەھدەمنى ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى بۇ ئىش ئۈچۈن ماڭا بەرگەن) ئەھدىنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېگەندە، ئۇلار: «ئىقرار قىلدۇق (قوبۇل قىلدۇق)» دېگەن ئىدى. ئاللاھ: «ئۇنداقتا، بۇنىڭغا (يەنى ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئەۋلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى [81].***

① پەيغەمبەرلەرنى ۋە پەرىشتىلەرنى (ياكى باشقا ھەر قانداق بىرىنى) ئىلاھىي سۈپەتلەرگە ئىگە دەپ ئېتىقاد قىلىش كۇفرىلىقتۇر. سىلەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر سىلەرنى قانداقمۇ كۇفرىغا بۇيرىسۇن؟ چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى شېرىكى يوق بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە سەجدە قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى سورىغاندا، بۇ ئايەت نازىل بولغان. (فەتھۇلقەدىر) باشقا مۇپەسسىرلەر مۇنداق سەۋەبنى بايان قىلغان: يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ھېبرلىرى ۋە راھىبلىرى بىرلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ناسارالار ئىيساغا ئىبادەت قىلغاندەك ساڭا ئىبادەت قىلىشىمىزنى خالامسەن ۋە بىزنى شۇنىڭدا دەۋەت قىلامسەن؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشتىن ياكى باشقىلارنى شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئاللاھ مېنى ئۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكىنى يوق ھەم ئۇنداق قىلىشقا بۇيرىغىنىمۇ يوق، دېدى. شۇ چاغدا بۇ ئايەت نازىل

بولدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر، سىيرەت ئىبنى ھىشامدىن)

② يەنى ھەر بىر پەيغەمبەردىن ئەھدە ئېلىندىكى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋرىدە يەنە بىر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ياردەم بېرىش زۆرۈردۇر. ئەگەر بىر پەيغەمبەرگە ئۆزى ھايات ۋاقتىدا كەلگەن يەنە بىر پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر بولسا، ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى ئۈچۈنمۇ يېڭى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تېخىمۇ بەكرەك زۆرۈر بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿رَسُوْلٌ مُّصَدِّقٌ﴾ «ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر» دېگەندىن مۇئەييەن «الرَّسُوْلُ» يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ ئالدى، يەنى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق بارلىق پەيغەمبەرلەردىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلسە، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشكە ئەھدە ئالدى. ئومۇمەن ئالغاندا بۇ يەردىكى ئىككىنچى ئۇقۇم بىرىنچى ئۇقۇمغا كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ لەۋزى ئېتىبارى بىلەن بىرىنچى ئۇقۇم ئەڭ توغرا دەپ قارىلىدۇ. بىرىنچى ئۇقۇمدىنمۇ ئايان بولدىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك مەشئىلى ياندىن كېيىن باشقا ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ مەشئىلى يانسا بولمايدۇ. مەسىلەن، ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا تەۋراتنىڭ بىر ۋارىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقلاپ مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇسا تىرىلىپ كەلسە، سىلەر مېنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتسەڭلار، چوقۇم ئېزىپ كەتكەن بولاتتىڭلار». (مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 266-بەت، سۈنەنى دارىمى 1-توم، 78-بەت، ئالبانى سەھىھ دەپ باھالىغان، مۇشكاتنىڭ ئىزاھاتى 1-توم، 68-بەت) ھەرھالدا، ھازىر قىيامەتكىچە ئەگىشىش ۋاجىپ بولغان پەيغەمبەر پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئەمدى نىجاتلىق قايسىبىر پېشۋاغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش ياكى بىرەر بۇزرۇكۋارغا بەيئەت قىلىشتا ئەمەس، پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا باغلىقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچقايسى پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئەمدى ئاقمايدىغان تۇرسا، باشقىلارغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش قانداقمۇ زۆرۈر بولسۇن؟ «إِصْرٌ» دېگەن ئەھدە ۋە زىممە دېگەن مەنىدە.

فَمَن تَوَلَّىٰ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٨٢﴾ أَفَغَيْرَ دِينِ ٱللَّهِ
يَبْغُونَ وَلَهُۥٓ أَسْلَمَ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ
يُرْجَعُونَ ﴿٨٣﴾ قُلْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ عَلَىٰٓ
إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطِ وَمَآ أُوتِىَ مُوسَىٰ
وَعِيسَىٰ وَٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ
مُسْلِمُونَ ﴿٨٤﴾

*كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن (مەزكۇر ئەھدىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، مۇنداقلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن (ئىماندىن) چىققۇچىلاردۇر① [82]. ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنۇۋاتقان تۇرسا، ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئاللاھنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟② ئۇلار (قىيامەت كۈنى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ (شۇ چاغدا ھەركىمگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ) [83]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغانغا (يەنى قۇرئانغا)، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىلگەن (سەھىپىلەر)گە، مۇساغا بېرىلگەنگە (يەنى تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەنگە (يەنى ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەنگە (يەنى كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق③، (ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز» [84].*

① بۇ ئايەت ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ) ۋە باشقا دىندىكىلەرگە بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتماي، ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىدا تۇرىۋېلىش ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ھەر ئۈممەتتىن ئالغان ئەھدىگە خىلاپتۇر. بۇ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىش كۇفرىلىقتۇر. «ئىتائەتتىن چىققۇچىلار» بۇ يەردە كاپىرلار دېگەن

مەنىدە، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ئىتائەتتىن چىققانلىقلا ئەمەس بەلكى كۇفرىلىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئىمام قۇرتۇبى بۇ يەردىكى ﴿ ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴾نى ئىماندىن چىققۇچىلار دەپ تەپسىر قىلغان.

② ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچنەرسە، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە، ئاللاھنىڭ ئىرادە ۋە قۇدرەت دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان تۇرسا، سىلەر نېمىشقا ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن قاچىسىلەر؟ تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئىمان كەلتۈرۈشتىكى پرىنسىپ (ھەربىر پەيغەمبەر ۋە ساماۋى كىتابقا ئايرىماستىن ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى) بايان قىلىنىپ، دېيىلىۋاتىدۇكى، ئىسلام دىنىدىن باشقا ھەر قانداق بىر دىن قوبۇل قىلىنمايدۇ، باشقا دىنغا ئەگەشكۈچىلەر زىياندىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

③ يەنى بىز بارلىق راست پەيغەمبەرلەرگە ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئىدى دەپ ئىمان ئېيتتۇق، يەنە ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن كىتابلار ۋە سەھىپىلەرگىمۇ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئاسماندىن چۈشۈرگەن كىتابلار دەپ ئىمان ئېيتتۇق. دېمەك شۇنداق ئىمان ئېيتىش زۆرۈردۇر. ھازىر پەقەت قۇرئان كەرىمگىلا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتكەندۇر.

وَمَن يَبۡتَغِ غَيۡرَ ٱلۡإِسۡلَٰمِ دِينٗا فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡهُ وَهُوَ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ
مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٨٥﴾ كَيۡفَ يَهۡدِي ٱللَّهُ قَوۡمٗا كَفَرُواْ بَعۡدَ إِيمَٰنِهِمۡ
وَشَهِدُوٓاْ أَنَّ ٱلرَّسُولَ حَقّٞ وَجَآءَهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٦﴾ أُوْلَٰٓئِكَ جَزَآؤُهُمۡ أَنَّ عَلَيۡهِمۡ لَعۡنَةَ ٱللَّهِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ
وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ﴿٨٧﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَلَا
هُمۡ يُنظَرُونَ ﴿٨٨﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُواْ فَإِنَّ
ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿٨٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بَعۡدَ إِيمَٰنِهِمۡ ثُمَّ ٱزۡدَادُواْ
كُفۡرٗا لَّن تُقۡبَلَ تَوۡبَتُهُمۡ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلضَّآلُّونَ ﴿٩٠﴾

*كىمكى ئىسلامدىن باشقا دىننى ئىزدەيدىكەن، ئۇ دىن ئۇنىڭدىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئادەم ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ [85]. ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن ۋە ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى ئاللاھ قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن؟! ئاللاھ (بۇنداق) زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [86]. ئەنە شۇلارنىڭ جازاسى ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچراشتۇر [87]. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئازاب ئۇلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ [88]. پەقەت (كۇفرىلىقتىن) كېيىن تەۋبە قىلغانلار ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ (مۇنداقلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر① [89]. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغان②، ئاندىن كاپىرلىقتا تېخىمۇ چىڭ تۇرغانلارنىڭ (سەكراتقا چۈشكەندە قىلغان) تەۋبىسى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ③. ئەنە شۇلار گۇمراھلاردۇر [90].*

① ھەدىسلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئەنسارلاردىن بىر مۇسۇلمان مۇرتەد بولۇپ، مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. لېكىن تېزلا پۇشايمان قىلغان. ئۇ ساھابىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تەۋبە قىلسام، تەۋبەم قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سورىغان، شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت نازىل بولغان. (سۈنەنى نەسائى 4073-ھەدىس، سەھىھى ئىبنى ھىببان 10-توم، 329-بەت، ئەلمۇستەدرىك لىلھاكىم 4-توم، 366-بەت) بۇ ئايەتلەردىن ئومۇمەن مۇرتەدنىڭ جازاسىنىڭ ناھايىتى قاتتىق بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەقنى تونۇغاندىن كېيىن جاھىللىق بىلەن ھەددىدىن ئېشىپ، ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن بولىدۇ. ئەمما كىمكى چىن دىلىدىن سەمىمىي تەۋبە قىلىپ، قىلمىشىنى تۈزەتسە، ئاللاھ تائالا مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر، ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىشقا لايىقتۇر.

② بۇ ئايەتتە مۇرتەد بولغاندىن كېيىن تەۋبە قىلمىغان ۋە كاپىر ھالەتتە ۋاپات بولغانلارنىڭ جازاسى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

③ بۇنىڭدىن سەكراتتا تۇرۇپ، ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان تەۋبە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بولمىسا، تەۋبىنىڭ دەرۋازىسى ھەممىگە ھەر ۋاقىت ئوچۇق تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتتىمۇ تەۋبىنىڭ قوبۇل بولىشىغا دەلىل باردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى تەكرار بايان قىلغان: ﴿ئاللاھ بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ﴾. (سۈرە شۇرا 25-ئايەت) ﴿ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟﴾. (سۈرە تەۋبە 104-ئايەت) ھەدىسلەردىمۇ بۇ مەزمۇن ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەت ئاخىرىقى نەپەستە (سەكراتتا) تەۋبە قىلسا قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بىرىشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾. (سۈرە نىسا 18-ئايەت) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جان ھەلقۇمغا كەلمىگۈچە ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىۋېرىدۇ». يەنى جان چىقىدىغان چاغدا تەۋبە قىلسا، قوبۇل قىلىنمايدۇ. (مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 132-بەت، سۈنەنى تىرمىزى 3537-ھەدىس، سەھىھۇلجامىئ ئەسسەغىر 1-توم، 386-بەت)

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٞ فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡ أَحَدِهِم مِّلۡءُ ٱلۡأَرۡضِ ذَهَبٗا وَلَوِ ٱفۡتَدَىٰ بِهِۦٓۗ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٩١﴾

***شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغان ۋە (تەۋبە قىلماستىن) كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزى تولغۇدەك ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب بار، ئۇلارغا (ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچبىر***

*مەدەتكار بولمايدۇ① [91].*

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا دوزاختىكى كىشىلەردىن بىر كىشىنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! سەن زېمىن تولغۇدەك ئالتۇن فىدىيە بېرىپ، دوزاخنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى ياقتۇرامسەن؟ دەيدۇ. ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! ئەلۋەتتە ياقتۇرىمەن، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: يالغان ئېيتتىڭ، مەن سەندىن دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئازراق ۋە يەڭگىلراقنى سورىسام سەن (ئۇنى) قىلمىدىڭ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن (ئۇنى) دوزاخقا قايتۇرىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 6557-ھەدىس) يەنى سەندىن ماڭا شېرىك كەلتۈرمەسلىكىنى سورىغان، ئەمما سەن شېرىكتىن يانمىدىڭ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، كاپىر ئۈچۈن دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازاب بولىدۇ، ئەگەر ئۇ دۇنيادا بىر قىسىم ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەمەللىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: ھەدىستە ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قۇللارنى ئازات قىلىدىغان، غېرىپ-مىسكىنلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلىدىغان مېھماندوست ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئان دېگەن (كاپىرنىڭ) قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۇنىڭغا مەنپەئەت قىلامدۇ؟ دەپ سورىغاندا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، چۈنكى، ئۇ: بىرەر كۈنمۇ (يەنى بىرەر قېتىممۇ) ئى پەرۋەردىگارىم! قىيامەت كۈنى مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى كەچۈرگىن دەپ باقمىغان» دەپ جاۋاب بەردى. (سەھىھ مۇسلىم، 214-ھەدىس) شۇنىڭدەك ئۇ يەردە ئەگەر بىر ئادەم يەر يۈزىگە تولغۇدەك ئالتۇن فىدىيە بېرىپ، دوزاخنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى خالىسىمۇ، مۇمكىن بولمايدۇ. سەۋەبى: بىرىنچىدىن ئۇ يەردە ھېچكىمدە ئۇنداق بايلىق بولمايدۇ، ئەگەر بىر ئادەمدە يەر شارىغا تولغۇدەك خەزىنە بار دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى بېرىپ دوزاخنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە تۆلەم ياكى فىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھېچ كىشىنىڭ فىدىيىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدىغان، ئۇلارغا (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارغا) ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴾. (سۈرە بەقەرە 123-ئايەت) ﴿ئېلىم-سېتىممۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدىغان (يەنى ئەسقاتمايدىغان) كۈن كېلىشتىن بۇرۇن، بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلسۇن﴾. (سۈرە ئىبراھىم 31-ئايەت)

لَن تَنَالُواْ ٱلۡبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَيۡءٖ
فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٞ ﴿٩٢﴾ ۞ كُلُّ ٱلطَّعَامِ كَانَ حِلّٗا لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِلَّا
مَا حَرَّمَ إِسۡرَٰٓءِيلُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦ مِن قَبۡلِ أَن تُنَزَّلَ ٱلتَّوۡرَىٰةُۚ قُلۡ
فَأۡتُواْ بِٱلتَّوۡرَىٰةِ فَٱتۡلُوهَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٩٣﴾

***سىلەر ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا① ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر② [92]. تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى)دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر (يەئقۇب ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان يېمەكلىكلەرنى ئاللاھ ھارام قىلغان دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار»③ [93].***

① بۇ يەردىكى ﴿ٱلۡبِرَّ﴾ «ياخشىلىق» دېگەندىن ياخشى ئەمەل ياكى جەننەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىكى ئەنسارلارنىڭ ئىچىدە مال - دۇنياسى ئەڭ كۆپ كىشى ئىدى. ئۇ بۇ ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن مەن مال-مۈلۈكلىرىمنىڭ ئىچىدە بەيرۇھا دېگەن بېغىمنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇ ئاللاھ يولىدا سەدىقە بولسۇن. سەن ئۇنى ئاللاھ تائالا ساڭا كۆرسەتكەن بويىچە بىر تەرەپ قىلغىن› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹پاھ-پاھ، بۇ پايدىلىق مال بولدى، (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابى كۆپ مال بولدى). مېنىڭچە سەن ئۇنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭغا سەدىقە قىلغىن› دېدى. ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن سەن دېگەندەك قىلىمەن› دېدى. ئاندىن بېغىنى ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا ۋە تاغىسىنىڭ بالىلىرىغا بۆلۈپ بەردى». (سەھىھۇل بۇخارى 4554-ھەدىس، ئەلفەتھۇررەببانى 15/178) شۇنىڭدەك

باشقا نۇرغۇن ساھابىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلدى. ﴿مِمَّا تُحِبُّونَ﴾دىكى ﴿مِنْ﴾ مال-مۈلۈكتىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىش دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ئەمەس، بەلكى بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىشقا تىرىشىش لازىم، مانا بۇ ئەۋزەل ۋە يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى، سۈپىتى تۆۋەن، ئېھتىياجدىن ئارتۇق ياكى ئىشلەتكەن كونا نەرسىنى سەدىقە قىلسا بولمايدۇ ياكى ساۋاب بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنداق نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىشمۇ جايىز ھەم ساۋابلىقتۇر، ئەمما ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىش ئەۋزەل ۋە ساۋابى تېخىمۇ كۆپتۇر.

② ياخشى بولسۇن ياكى ناچار بولسۇن نېمىنى سەدىقە قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭغا لايىق ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

③ بۇ ئايەت بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ ئېتىرازىغا قارىتا نازىل بولغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىمەن دەيسەنۇ، تۆگىنىڭ گۆشىنى يەيدىكەنسەن، ھالبۇكى، تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ھارام ئىدىغۇ؟» دېيىشتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ يالغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ نەرسىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ھارام ئەمەس ئىدى، ئەمما ئىسرائىل (يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) كېسەللىك سەۋەبىدىن ياكى نەزىر قىلىش يۈزىسىدىن تۆگىنىڭ سۈتى ۋە گۆشىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ تەۋرات نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى بولغان ئىش ئىدى. تەۋرات ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملاردىن خېلى كېيىن چۈشكەن تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ مەزكۇر دەۋانى كۆتۈرۈپ چىقىسىلەر؟ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەۋراتتا بەزى نەرسىلەر سىلەر (يەھۇدىيلار)غا ئۆزۈڭلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبىدىن ھارام قىلىنغان ئىدى. (سۈرە ئەنئام 6-ئايەت ۋە سۈرە نىسا 60-ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك) ئەگەر بۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار، تەۋراتنى ئېچىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، ئۇنىڭدىن مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زامانىدا ھارام ئەمەسلىكى ۋە بەزى نەرسىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبىدىن يەنى سىلەرنى جازالاش يۈزىسىدىن ھارام قىلىنغانلىقى ئايان بولىدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر)

فَمَنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩٤﴾ قُلۡ صَدَقَ ٱللَّهُۗ فَٱتَّبِعُواْ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ
مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٩٥﴾ إِنَّ أَوَّلَ بَيۡتٖ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكٗا
وَهُدٗى لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩٦﴾ فِيهِ ءَايَٰتُۢ بَيِّنَٰتٞ مَّقَامُ إِبۡرَٰهِيمَۖ وَمَن
دَخَلَهُۥ كَانَ ءَامِنٗاۗ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلۡبَيۡتِ مَنِ ٱسۡتَطَاعَ إِلَيۡهِ
سَبِيلٗاۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩٧﴾ قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ
ٱلۡكِتَٰبِ لِمَ تَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَٱللَّهُ شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا تَعۡمَلُونَ ﴿٩٨﴾

***شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى روشەن دەلىل مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن)، كىمكى ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىكەن، ئەنە شۇلار (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر [94]. ئېيتقىنكى، «ئاللاھ راست ئېيتتى، (ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت) ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار، ئۇ (يەنى ئىبراھىم) مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى [95].» شەكسىزكى، جاھان ئەھلىگە بەرىكەت ۋە ھىدايەت بولغان، ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) سېلىنغان تۇنجى ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر① [96]. ئۇنىڭدا ئوپئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرىدۇر، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ②. بۇ ئۆيگە قەدەر كېلىشكە يول تاپالىغان (يەنى قادىر بولالىغان) كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى③. كىمكى (بۇنى) ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ جاھان ئەھلىدىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر④ [97]. ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ۋەھالەنكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارغا شاھىتتۇر [98].»***

① بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئىككىنچى ئېتىرازىغا بېرىلگەن جاۋابتۇر. ئۇلار بەيتۇلمۇقەددەس ھەممىدىن بۇرۇن سېلىنغان ئىبادەتخانا تۇرسا، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى نېمىشقا قىبلىنى كەبىگە ئۆزگەرتىدۇ دەپ ئېتىراز

بىلدۈرگەن ئىدى. ئۇلارغا جاۋابەن، سىلەرنىڭ بۇ دەۋايىڭلارمۇ توغرا ئەمەس، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان تۇنجى ئۆي مەككىدىدۇر، دېيىلدى.

② چۈنكى مەككىدە ئۇرۇش قىلىش، قان تۆكۈش، ئوۋ ئوۋلاش ھەتتا دەرەخلەرنى كېسىشمۇ مەنئى قىلىنغان. (سەھىھۇل بۇخارى **1349**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **1353**-ھەدىس)

③ ﴿يول تاپالىغان كىشىلەر﴾ دېگەندە ھەرەمگە بېرىپ-كەلگۈچە يەتكىدەك ئىقتىسادى بار بولغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جان ۋە مالنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن يول ئامان بولۇش، يولنىڭ مۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىق بەرگۈدەك دەرىجىدە تېنى ساغلام بولۇشمۇ قادىر بولۇش شەرتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. يەنە ئايال كىشى ئۈچۈن مەھرەمنىڭ ھەمرا بولۇشى زۆرۈردۇر. (فەتھۇلقەدىر) بۇ ئايەت ھەر قانداق قادىر بولالىغان كىشىگە ھەجنىڭ پەرز بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ھەدىس شەرىپنىڭ روھىغا ئاساسەن ھەج قىلىش مۇسۇلمانغا ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىم پەرزدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ قادىر بولۇپ تۇرۇپ ھەج قىلماسلىق ۋە ھەجنى تەرك قىلىش قۇرئان كەرىمدە «ئىنكار قىلسا، كاپىر بولسا» دېگەن مەنىدە كېلىدىغان ﴿كَفَرَ﴾ دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلەندى. بۇنىڭدىن ھەجنىڭ شەكسىز پەرزلىكى ۋە زۆرۈرلىكى ئايان بولىدۇ. ھەدىسلەردە قادىر بولۇپ تۇرۇپ ھەج قىلمىغان كىشىلەرگە قاراتا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن.

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ مَنْ ءَامَنَ
تَبْغُونَهَا عِوَجًا وَأَنتُمْ شُهَدَآءُ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٩٩﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِن تُطِيعُوا۟ فَرِيقًا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ
يَرُدُّوكُم بَعْدَ إِيمَٰنِكُمْ كَٰفِرِينَ ﴿١٠٠﴾ وَكَيْفَ تَكْفُرُونَ وَأَنتُمْ تُتْلَىٰ
عَلَيْكُمْ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ وَفِيكُمْ رَسُولُهُۥ ۗ وَمَن يَعْتَصِم بِٱللَّهِ فَقَدْ
هُدِىَ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٠١﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىغا) شاھىت بولۇپ تۇرۇپ① ، نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يولىنى ئەگرى كۆرسىتىپ، ئىمان ئېيتقانلارنى ئۇنىڭدىن توسىسىلەر؟ ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر» [99]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بىر پىرقىغە ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى (كاپىرلىققا) قايتۇرۇۋېتىدۇ② [100]. سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان (يەنى ۋەھيي ئۇزۇلۇپ قالماي ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى نازىل بولۇۋاتقان) ۋە ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (ھايات) تۇرغان تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ كاپىر بولۇپ كېتىسىلەر؟ كىمكى ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىدىكەن③ ، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ [101].***

① يەنى سىلەر ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ دەۋەتچىسىنىڭ راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەرغۇ؟! چۈنكى بۇ سۆزلەر پەيغەمبەرلىرىڭلارغا چۈشۈرۈلگەن كىتابلاردا يېزىلغان، سىلەر ئۇ كىتابلارنى ئوقۇيسىلەر.

② قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى توغرا يولدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان يامان قىلمىشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ، قۇرئان سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان ۋە ئاراڭلاردا پەيغەمبەر بار تۇرۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدانماڭلار! ھوشيار تۇرۇڭلار! دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تەپسىر كىتابلىرىدا مۇنداق بايان قىلىنغان:

ئەۋس ۋە خەزرەجدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىگە تەۋە ئەنسارلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزئارا پاراڭلىشىۋاتقان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن شاس ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر يەھۇدىي ئۆتۈپ قالدى. ئۇ، ئىلگىرى بىر-بىرىگە قاتتىق دۈشمەن بولغان ئىككى قەبىلىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئىناق ۋە ئىتتىپاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەسەتخورلۇقى قوزغالدى، ئۇ بىر يىگىتنى تېپىپ ۋەزىپە تاپشۇردى، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىككى قەبىلە ئارىسىدا

ھىجرەتتىن بىر ئاز بۇرۇن يۈز بەرگەن «بىئاس ئۇرۇشى» ھەققىدە سۆز قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇ ياش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىئاس ئۇرۇشى ھەققىدە سۆز قىلدى ۋە ئۇلار شۇ ئۇرۇشتا ئۇلار بىر-بىرىنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتىشقان شېئىر-قوشاقلارنى ئوقۇدى، نەتىجىدە بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ كونا ئاداۋەتلىرىگە ئوت يېقىلدى ۋە بىر-بىرىنى تىللاش ۋە ئەيىبلەشكە باشلىدى، ھەتتا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قوللىرىغا قورال ئېلىشقا چاقىرىق قىلغان ئاۋازلارمۇ كۆتۈرۈلدى، ئۇلار ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىشكە تاسلا قالغان پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيلىدىن ياندى، شۇ چاغدا بۇ ئايەت ۋە كېيىنكى ئايەتلەر نازىل بولدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر، فەتھۇلقەدىر ۋە باشقا تەپسىرلەردىن ئېلىندى)

③ ﴿ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىش﴾نىڭ مەنىسى، ئاللاھنىڭ دىنىنى مەھكەم تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتا سۇسلۇق قىلماسلىقتۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِۦ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم
مُّسۡلِمُونَ ﴿١٠٢﴾ وَٱعۡتَصِمُواْ بِحَبۡلِ ٱللَّهِ جَمِيعٗا وَلَا تَفَرَّقُواْۚ وَٱذۡكُرُواْ
نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ كُنتُمۡ أَعۡدَآءٗ فَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِكُمۡ
فَأَصۡبَحۡتُم بِنِعۡمَتِهِۦٓ إِخۡوَٰنٗا وَكُنتُمۡ عَلَىٰ شَفَا حُفۡرَةٖ مِّنَ ٱلنَّارِ
فَأَنقَذَكُم مِّنۡهَاۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ
تَهۡتَدُونَ ﴿١٠٣﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار①، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار [102]. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىڭلار②، بۆلۈنمەڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار بۆلۈنگەندەك دىندا بۆلۈنمەڭلار)③. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى،***

***ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ [103].***

① بۇنىڭ مەنىسى، ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە پەرز ئەمەللەرنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈڭلار، چەكلەنگەن نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇڭلار، دېمەكتۇر. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت نازىل بولغاندا ساھابىلار ناھايىتى غەمكىن بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئاللاھ تائالا ﴿قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾. (سۈرە تاغابۇن 16-ئايەت) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ ئايەتنى يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ دەپ ئالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ دەپ ئېلىش ئەڭ توغرىدۇر، چۈنكى ئىككى ئايەتنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ماسلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندا ئاندىن ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ، بۇ يەردە ماسلاشتۇرۇش مۇمكىن. ئىككى ئايەتنى بىرلەشتۈرگەندە مەنىسى: «ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە، كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە تەقۋادارلىق قىلىڭلار» دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە تەقۋادارلىققا بۇيرۇغاندىن كېيىن ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىڭلار!﴾ دەپ بۇيرۇق قىلىش بىلەن نىجاتلىقنىڭمۇ پەقەت مەزكۇر ئىككى ئاساسقا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئىتتىپاقلىقنىڭمۇ دەل شۇنىڭ ئۈستىگىلا قۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

③ ﴿وَلَا تَفَرَّقُوا۟﴾ «بۆلۈنمەڭلار» دېگەن بۇيرۇق بىلەن گۇرۇھۋازلىقتىن چەكلىدى. يەنى ئەگەر مەزكۇر ئىككى ئاساسىي ئۇسۇلدىن چىقىپ كەتسەڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تەپرىقىچىلىق پەيدا بولىدۇ، ئايرىم-ئايرىم پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر.

وَلۡتَكُن مِّنكُمۡ أُمَّةٞ يَدۡعُونَ إِلَى ٱلۡخَيۡرِ وَيَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ
وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ١٠٤ وَلَا تَكُونُواْ

كَٱلَّذِينَ تَفَرَّقُوا۟ وَٱخْتَلَفُوا۟ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ
لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٠٥﴾ يَوْمَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وَتَسْوَدُّ وُجُوهٌ ۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ
ٱسْوَدَّتْ وُجُوهُهُمْ أَكَفَرْتُم بَعْدَ إِيمَٰنِكُمْ فَذُوقُوا۟ ٱلْعَذَابَ بِمَا
كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿١٠٦﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱبْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِى رَحْمَةِ ٱللَّهِ ۖ
هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١٠٧﴾ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِٱلْحَقِّ ۗ وَمَا
ٱللَّهُ يُرِيدُ ظُلْمًا لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠٨﴾ وَلِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ
وَإِلَى ٱللَّهِ تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ﴿١٠٩﴾

***سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (كىشىلەرنى) خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [104]. سىلەر ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولماڭلار①، ئەنە شۇلارغا چوڭ ئازاب بار [105]. بەزى يۈزلەر (يەنى مۆئمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىپ كېتىدىغان، بەزى يۈزلەر (يەنى كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى) قارىداپ كېتىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە②، يۈزلىرى قارىداپ كەتكەنلەرگە: «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ) [106]. يۈزى ئاقىرىپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى جەننەتتە) مەڭگۈ قالىدۇ [107]. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇركى، (ئى پەيغەمبەر!) بىز ئۇنى ساڭا ھەقىقەتنى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز، ئاللاھ جاھان ئەھلىگە ئۇۋال قىلىشنى خالىمايدۇ [108]. ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭ (مۈلكى، مەخلۇقاتى ۋە بەندىلىرى)دۇر، ھەممە ئىشلار ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ [109].***

① يەنى ئۇلار روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن بۆلۈندى ۋە پارچىلاندى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ

ۋە تەپرىقچىلىق ئۇلارنىڭ ھەقنى بىلمەسلىكىدىن ۋە دەلىللەرنى چۈشەنمەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، پەقەت دۇنيالىق مەنپەئەت ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەنلىكىدىن بولغان. دېمەك ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ، ئىختىلاپ ۋە تەپرىقچىلىق يولىنى تۇتقان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغان ئىدى. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى ھەر خىل ئۇسۇل ۋە شەكىلدە تەكرار بايان قىلدى ۋە تەپرىقچىلىقتىن يىراق تۇرۇشنى تەكىتلىدى.

② بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «قىيامەت كۈنى سۈننەتكە ئەگىشىپ ماڭغانلار (ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت)نىڭ يۈزلىرى ئاقىرىپ كېتىدۇ؛ بىدئەتچى ۋە بۆلگۈنچىلەرنىڭ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ» دەيدۇ.

كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ ۗ وَلَوْ ءَامَنَ أَهْلُ ٱلْكِتَٰبِ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُم ۚ مِّنْهُمُ ٱلْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿١١٠﴾ لَن يَضُرُّوكُمْ إِلَّآ أَذًى ۖ وَإِن يُقَٰتِلُوكُمْ يُوَلُّوكُمُ ٱلْأَدْبَارَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ ﴿١١١﴾

***(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا (مۇكەممەل) ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر①. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) مۇ ئىمان ئېيتقان بولسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنگەن بولسا)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆئمىنلەرمۇ بار②، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر [110]. ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ③ [111].***

① بۇ ئايەتتە ئىسلام ئۈممىتى «ئەڭ ياخشى ئۈممەت» دەپ ئاتالدى ھەمدە بۇ ئۈممەتنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىدىن بۇ شەرەپكە ئېرىشكەنلىكىمۇ بايان قىلىندى. بۇ ئۈممەت مەزكۇر ئىمتىيازلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغانغا قەدەر «ئەڭ ياخشى ئۈممەت» بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، ئەگەر ئۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالالمىسا، بۇ شەرەپلىك ئىمتىيازدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئايەتتىن كېيىنلا ئەھلى كىتابنىڭ ئەيىبلەنگەنلىكىمۇ دەل شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلار ئەھلى كىتابلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەھلى كىتابنىڭ سۈپەتلىرى مۇنداق ئىدى: ﴿ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايتتى﴾. (سۈرە مائىدە 79-ئايەت) شۇڭا بۇ ئايەتتە ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر﴾ دېيىلدى.

«ياخشىلىققا بۇيرۇش» پەرز ئەينىمۇ ياكى پەرز كۇپايىمۇ؟ كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە پەرز كۇپايە بولۇپ، بۇ ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر، بۇ پەرزنى ئىزچىل ئادا قىلىپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر، چۈنكى ئۇلار شەرىئەتتە بىر ئىشنىڭ ياخشىلىققا ياكى يامانلىققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ دەۋەت ۋە تەبلىغ پەرزىنى ئادا قىلىشى باشقا كىشىلەرنىڭ زىممىسىدىن بۇ پەرز ساقىت بولىدۇ. شۇنىڭدەك جىھادمۇ ئومۇمىي ئەھۋالدا پەرز كۇپايە بولىدۇ، يەنى بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ ئادا قىلىشى بىلەن باشقىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئادا بولغان بولىدۇ. ئەمما ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزى تۇرىۋاتقان جايدا «مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار» دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن دەۋەت قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.

② مەسىلەن: يەھۇدىيلار ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا ئوخشاش كىشىلەر مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئايەتتە كەلگەن ﴿ مِنْهُمُ ﴾دىكى ﴿ مِنْ ﴾ ئۇلاردىن ئاز بىر قىسمى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

③ بۇ يەردىكى ﴿ اَذًى﴾ «ئازار بېرىش» دېگەندىن تىل ئازارى ۋە بوھتان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىغۋالىرىدىن كۆڭۈل ۋاقىتلىق بىئارام بولىدۇ، ئەمما جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇلار سىلەرنى مەغلۇپ قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

خەيبەر فەتھى بولغاندا ئۇ يەردىكى يەھۇدىيلارمۇ چىقىپ كەتتى، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار شام رايونلىرىدىكى خرىستىئانلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئاخىرى سەلىبىيە ئۇرۇشى بولغاندا خرىستىئانلار ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا باشلىدى ۋە بەيتۇل مۇقەددەسنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى. لېكىن سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبى 90 يىلدىن كېيىن ئۇلاردىن بەيتۇل مۇقەددەسنى قايتۇرۇپ ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىي ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە بەيتۇل مۇقەددەس يەنە قولدىن كەتتى. ئىنشائاللاھ بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ. خۇسۇسەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەندىن كېيىن خرىستىئان دىنىغا خاتىمە بېرىلىدۇ. ئىسلام چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر بۇنىڭغا دەلىلدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

ضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ أَيۡنَ مَا ثُقِفُوٓاْ إِلَّا بِحَبۡلٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَحَبۡلٖ مِّنَ
ٱلنَّاسِ وَبَآءُو بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَسۡكَنَةُۚ ذَٰلِكَ
بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلۡأَنۢبِيَآءَ بِغَيۡرِ حَقّٖۚ
ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ﴿١١٢﴾ ۞ لَيۡسُواْ سَوَآءٗۗ مِّنۡ أَهۡلِ
ٱلۡكِتَٰبِ أُمَّةٞ قَآئِمَةٞ يَتۡلُونَ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ ءَانَآءَ ٱلَّيۡلِ وَهُمۡ
يَسۡجُدُونَ ﴿١١٣﴾ يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَيَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ
وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَيُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ مِنَ
ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١١٤﴾ وَمَا يَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَلَن يُكۡفَرُوهُۗ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ
بِٱلۡمُتَّقِينَ ﴿١١٥﴾

***ئۇلار قەيەردە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىرىدىن باشقىلىرى خارلىققا پېتىپ قالىدۇ①، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ۋە موھتاجلىققا چۆمىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىندۇر. (يەنە) بۇ ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا)***

*ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە (ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن) ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر② [112]. ئۇلار بىرخىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار ئىچىدە) كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان، (ھەق ئۈستىدە) مۇستەھكەم تۇرىدىغان بىر جامائە بار [113]. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر [114]. ئۇلار ھەرقانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ بىكار كەتمەيدۇ (مۇكاپاتسىز قالمايدۇ). ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ③ [115].*

① بۇ يەردە يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلىق نەتىجىسىدە ئۆزلىرى دۇچار بولغان موھتاجلىق ۋە خارلىقتىن ۋاقىتلىق قوغدىنىش ۋە ھىمايىگە ئېرىشىشنىڭ ئىككى خىل شەكلى بايان قىلىندى: بىرىنچىسى، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈپ ياشاش ياكى ئىسلام دۆلىتىدە جىزيە تۆلەپ زىممىلىكتە ياشاشقا ماقۇل بولۇش. ئىككىنچىسى، ئىنسانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈپ ياشاش. بۇنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار: بىرى شۇكى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتمەي ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسىي ھىمايىسىگە ئۆتۈپ ياشاش. چۈنكى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ پاناھلىق بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ، شەرىئەتتە ئادەتتىكى بىر مۇسۇلماننىڭ بەرگەن پاناھلىقىمۇ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. يەنە بىرى، مۇسۇلمان ئەمەس كۈچلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈپ ياشاش. چۈنكى بۇ يەردىكى «ئىنسانلار» دېگەن سۆز ئومۇمىي مەنىدە بولۇپ، مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ھەممە ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (مەسىلەن: ھازىر يەھۇدىيلار كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھىمايىسىدە ياشاۋاتىدۇ. تەرجىماندىن)

② دېمەك ئۇلار مەزكۇر قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن خارلىق ۋە موھتاجلىققا دۇچار بولىدۇ.

③ ئالدىنقى ئايەتتە كەلگەندەك ئەھلى كىتابنىڭ ھەممىسى ناچار ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ياخشى كىشىلەرمۇ بار. مەسىلەن: ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئەسەد ئىبنى ئۇبەيد، سەئلەبە ئىبنى

سەئىيە ۋە ئەسىد ئىبنى سەئىيە قاتارلىقلار. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىش شەرىپىگە نائىل قىلدى، ئۇلاردا ئەھلى ئىمان ۋە ئەھلى تەقۋا كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى تېپىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن.

﴿ قَآئِمَةٌ ﴾ «(ھەق ئۈستىدە) مۇستەھكەم تۇرىدىغان» يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدىغان ۋە شەرىئىتىگە بويسۇنىدىغان. ﴿ يَسْجُدُونَ ﴾ نىڭ مەنىسى كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدىغان، نامازلىرىدا قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشىلەر، دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى «ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ» دېگەننى بەزى مۇپەسسىرلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن توسىدۇ دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا سۈرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: ﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار. ئۇلار ئاللاھتىن قورقىدۇ﴾. (سۈرە ئال ئىمران 199-ئايەت)

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن تُغۡنِيَ عَنۡهُمۡ أَمۡوَٰلُهُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ
شَيۡـًٔاۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ١١٦ مَثَلُ مَا
يُنفِقُونَ فِي هَٰذِهِ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا كَمَثَلِ رِيحٖ فِيهَا صِرٌّ أَصَابَتۡ
حَرۡثَ قَوۡمٖ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فَأَهۡلَكَتۡهُۚ وَمَا ظَلَمَهُمُ ٱللَّهُ وَلَٰكِنۡ
أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ١١٧

***شۈبھىسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ پۇل ـ ماللىرى، بالىلىرى ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ. ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ [116]. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا سەرپ قىلغان نەرسىلىرى (ياخشى بەرگەن سەدىقىلىرى) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بىر قەۋمنىڭ زىرائىتىگە تېگىپ ئۇنى نابۇت قىلىۋەتكەن سوغۇق شامالغا ئوخشايدۇ (ئىگىلىرىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن نابۇت قىلىنغان بۇ زىرائەتكە ئوخشاش،***

***ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى بىكار قىلدۇ)①. ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى [117].***

① قىيامەت كۈنى كاپىرلارنىڭ باللىرى ۋە ماللىرى ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ، ھەتتا پاراۋانلىقتا ۋە قارىماققا خەيرلىك كۆرۈنىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلغان پۇل-ماللىرىمۇ بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى قاتتىق سوغۇق شامالغا يەنى ياپيېشىل زىرائەتنى ۋەيران قىلىۋەتكەن ئۈششۈككە ئوخشايدۇ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى بولغان زىرائەتنىڭ ئىگىسى بۇ زىرائەتتىن كۆپ مول-ھوسۇل ئېلىشنى ئارزۇ قىلىپ خۇشال تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۈمىدى كۆلگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئىمان ئېيتمىغان كىشىلەر خەيرىيەت ئىشلىرىغا ھەر قانچە كۆپ ئىئانە قىلىپ، دۇنيادا كاتتا نام-شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاخىرەتتە ھېچ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلارغا جەھەننەمدە مەڭگۈلۈك ئازاب بولىدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ بِطَانَةً مِّن دُونِكُمْ لَا يَأْلُونَكُمْ
خَبَالًا وَدُّواْ مَا عَنِتُّمْ قَدْ بَدَتِ ٱلْبَغْضَآءُ مِنْ أَفْوَٰهِهِمْ وَمَا تُخْفِى
صُدُورُهُمْ أَكْبَرُ ۚ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلْـَٔايَـٰتِ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْقِلُونَ ﴿١١٨﴾
هَـٰٓأَنتُمْ أُوْلَآءِ تُحِبُّونَهُمْ وَلَا يُحِبُّونَكُمْ وَتُؤْمِنُونَ بِٱلْكِتَـٰبِ كُلِّهِۦ
وَإِذَا لَقُوكُمْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوْاْ عَضُّواْ عَلَيْكُمُ ٱلْأَنَامِلَ مِنَ
ٱلْغَيْظِ ۚ قُلْ مُوتُواْ بِغَيْظِكُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١١٩﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلاردىن بولمىغانلارنى سىرداش (دوست) قىلىۋالماڭلار①، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر②. شۈبھىسىزكى، (بۇ ھەقتە) سىلەرگە نۇرغۇنلىغان دەلىل-پاكىتلارنى بايان قىلدۇق، ئەگەر چۈشەنسىدىغان بولساڭلار (تەپەككۇر قىلىڭلار!)***

***[118]. (ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ (سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ)، سىلەر (ھەممە ساماۋى) كىتابقا ئىشىنىسىلەر (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار سىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ). ئۇلار بولسا سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، «ئىمان ئېيتتۇق»، دەيدۇ③. ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ④. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاچچىقىڭلار بىلەن ئۆلۈڭلار! (يەنى ئاللاھ ئۆلگىنىڭلارغا قەدەر ئاچچىقىڭلارنى داۋاملاشتۇرسۇن!)» شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر [119].***

① بۇ مەزمۇن يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، تەكرار بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ﴿ بِطَانَةً ﴾ يېقىن دوست ۋە سىرداش دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا دىللىرىدا دۈشمەنلىك ساقلايدىغانلىقىنى، بەزىسىنى ئاشكارىلىسىمۇ، بەزىسىنى مەخپىي تۇتىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەردى. شەرىئەت ئۆلىمالىرى بۇ ئايەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار باشقا ئايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، ئىسلام دۆلىتىدە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە مۇھىم ئورگانلاردا ھوقۇق ۋە مەنسەپ بېرىش جايىز ئەمەس، دەپ بەلگىلىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر زىممى ئادەمنى (ئىسلام دۆلىتىدە جىزيە تۆلەپ ياشايدىغان مۇسۇلمان ئەمەس ئادەم) كاتىپلىققا تەيىنلىگەن ئىدى، بۇ ئىش ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەندە ئۇنىڭغا قاتتىق كايىغان ھالدا: «ئاللاھ يىراق قىلغانلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن قىلىۋالما، ئاللاھ خار قىلغانلارنى ئەزىز قىلىۋالما، ئاللاھ خائىن دەپ ئاتىغانلارنى ھەرگىز كاتىپ ۋە سىرداش تۇتىۋالما» دەپ، سۆزىگە بۇ ئايەتنى دەلىل قىلدى.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى زاماندا ئەھلى كىتابلارنى كاتىپ ۋە باشلىق سايلىغانلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆزگىرىپ كەتتى، بىلىمسىز كىشىلەر رەھبەر ۋە رەئىس بولۇپ قالدى». (تەپسىر قۇرتۇبى) ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۈگۈنكى مۇسۇلمان دۆلەتلەردە قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن بۇ مۇھىم ھۆكۈمگە ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ، بۇ

ھۆكۈمىنىڭ ئەكسىچە، مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك مۇھىم مەنسەپلەردە ئولتۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ئاز بولمىغان زىيانلار كۆرۈلىۋاتىدۇ. مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىنى تۈزۈشتە مەزكۇر بۇيرۇققا رىئايە قىلسا، نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىق ۋە زىيانلاردىن ساقلىنالايدۇ.

② ﴿ لَا يَأْلُونَ ﴾ بوشاڭلىق قالمايدۇ، بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. ﴿ خَبَالًا ﴾ بۇزغۇنچىلىق، زىيانكەشلىك، ھالاكەت، پىتنە-پاسات، ﴿ مَا عَنِتُّمْ ﴾ سىلەرنىڭ مۇشەققەتكە قېلىشىڭلارنى، " عَنَتٌ " مۇشەققەت، قىيىنچىلىق دېگەن مەنىدە.

③ سىلەر ئۇ مۇناپىقلارنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقى ۋە ئىماننى ئىزھار قىلغانلىقلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر ۋە ئۇلارغا ئالدىنىپ قالىسىلەر.

④ " عَضَّ يَعُضُّ " چىشلىمەك دېگەن مەنىدە. بۇ ئۇلارنىڭ قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. كېيىنكى ﴿ئەگەر سىلەرگە بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئاچچىقلانغان ۋە قايغۇرغان ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ.

إِن تَمۡسَسۡكُمۡ حَسَنَةٞ تَسُؤۡهُمۡ وَإِن تُصِبۡكُمۡ سَيِّئَةٞ يَفۡرَحُواْ بِهَاۖ وَإِن تَصۡبِرُواْ وَتَتَّقُواْ لَا يَضُرُّكُمۡ كَيۡدُهُمۡ شَيۡـًٔاۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ١٢٠

*ئەگەر سىلەرگە (كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىمەت قاتارلىق) بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ. ئەگەر سىلەرگە (ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق) بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ①. ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ②. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر [120].*

① بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ مۇئمىنلەرگە قارىتا تۇتقان قاتتىق ئاداۋىتى تىلغا ئېلىنىدى. ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئەگەر مۇئمىنلەرگە خۇشاللىق يەتسە، ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ۋە ياردىمى يەتسە، مۇئمىنلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ كۈچەيسە، مۇناپىقلار قاتتىق بىئارام بولىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلارغا بىرەر قەھەتچىلىك ياكى قىيىنچىلىق يەتسە ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ۋاقىتلىق غەلىبە قىلسا (ئۇھۇد ئۇرۇشىدا بولغاندەك)، مۇناپىقلار ناھايىتى خۇشاللىنىپ كېتىدۇ. بۇنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت ئۇلارنى دوست تۇتۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھالى بۇ تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرگىلى ۋە سىرداش دوست تۇتقىلى بولسۇن؟ شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا باشقا ئايەتلەردە يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىمۇ دوست تۇتۇشتىن چەكلىگەن. چۈنكى ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلارنى يامان كۆرىدۇ ۋە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلسا، بىئارام بولىدۇ؛ مەغلۇپ بولسا، خۇشاللىنىپ كېتىدۇ.

② بۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسىدۇر. مۇناپىقلارنىڭ ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سەۋرچانلىق ۋە تەقۋالىق ناھايىتى زۆرۈردۇر. سەۋرچانلىق ۋە تەقۋالىقنىڭ بولماسلىقى دۈشمەن پىلانلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا سەۋەب بولماقتا. كىشىلەر كاپىرلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۇلاردا ماددىي بايلىق ۋە قورال-ياراقلارنىڭ تولۇق بولغانلىقى ۋە پەن-تېخنىكىدا تەرەققى قىلغانلىقىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ خار ۋە ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئەسلىي سەۋەبى (سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىقنىڭ تەقەززاسى بويىچە) دىندا مۇستەھكەم تۇرمىغانلىقى ۋە تەقۋالىقتىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىدىندۇر. چۈنكى بۇ ئىككى سۈپەت مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ كاپالىتى ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىنىڭ ۋاستىسىدۇر.

وَإِذْ غَدَوْتَ مِنْ أَهْلِكَ تُبَوِّئُ ٱلْمُؤْمِنِينَ مَقَٰعِدَ لِلْقِتَالِ ۗ وَٱللَّهُ
سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٢١﴾ إِذْ هَمَّت طَّآئِفَتَانِ مِنكُمْ أَن تَفْشَلَا وَٱللَّهُ وَلِيُّهُمَا ۗ
وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١٢٢﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن چىقىپ (ئۇھۇدتا) مۆئمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىڭ①، ئاللاھ (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [121]. ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئاجىزلىق كۆرسەتمەكچى (يەنى قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنمەكچى) بولدى②، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى (ئۇلارنى چېكىنىشتىن ساقلىدى)③. (مۆئمىنلەر جىمى ئەھۋالى ۋە جىمى ئىشلىرىدا ھېچكىمگە ئەمەس، پەقەت بىر) ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن! [122]***

① كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتتە سۆزلەنگەن ۋەقەلىك ئۇھۇد غازىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇھۇد غازىتى ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىدا بولغان. بۇ ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قىسقىچە تۆۋەندىكىدەك:

ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى بەدرى غازىتىدا مۇشرىكلار ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ يەتمىش ئادىمى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە يەتمىش ئادىمى ئەسىرگە چۈشتى. بۇ مەغلۇبىيەت ئۇلارغا ھار كەلگەن ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر ئار-نومۇس بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن قاتتىق ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئادەم توپلىدى. ھەتتا ئاياللىرىنىمۇ قاتناشتۇرۇپ، ئۇرۇشۇش ئۈچۈن مەدىنە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭ بولۇپ، ئۇھۇد تېغىغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشكەنلىك خەۋىرى مۇسۇلمانلارغا يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىش ياكى چىقماي مەدىنىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇش توغرۇلۇق مەسلىھەت سالدى، بەزى ساھابىلەر مەدىنىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشقا مەسلىھەت بەردى، مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيمۇ شۇ مەسلىھەتنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ساھابىلەر ئىچىدىن بەدرى ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغان بىر تۈركۈم جاسارەتلىك ساھابىلەر مەدىنىدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا مەسلىھەت بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرىپ ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىپ چىقتى. مەدىنىدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا مەسلىھەت بەرگەنلەر: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ پىكىر بېرىپ، ئۇنى مەجبۇرلاپ قويدۇقمۇ قانداق دەپ پۇشايمان قىلدى ۋە پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر خالىساڭ مەدىنىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلساق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ بولغان پەيغەمبەرگە ئاللاھ ئەمر قىلمىغۇچە ئارقىغا قايتىشى ياكى جەڭ كىيىملىرىنى سېلىشى دۇرۇس ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىڭغا يېقىن ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىدىن چىقىپ، ئوھۇد تەرەپكە راۋان بولدى. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆزى بەرگەن پىكىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، بىكاردىن بىكار جان بەرگەننىڭ نېمە پايدىسى دەپ، ئۆزىنىڭ 300 نەپەر ئەگەشكۈچىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ۋاقتىنچە بولسىمۇ بىر قىسىم مۇسۇلمانلارغا تەسىر كۆرسەتتى، نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاز ۋە ئاجىز دەپ ھېس قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ ئىككى گۇرۇھ بولسا ئەۋس ۋە خەزرەج (بەنۇ ھارىسە ۋە بەنۇ سەلەمە(دىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە ئىدى.

③ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مەدەتكار بولدى، ئۇلاردىكى ئاجىزلىقنى يوق قىلىپ، جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇردى.

إِذْ هَمَّت طَّآئِفَتَانِ مِنكُمْ أَن تَفْشَلَا وَٱللَّهُ وَلِيُّهُمَا ۗ وَعَلَى ٱللَّهِ
فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١٢٢﴾ وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ بِبَدْرٍ وَأَنتُمْ أَذِلَّةٌ ۖ فَٱتَّقُوا۟
ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٢٣﴾ إِذْ تَقُولُ لِلْمُؤْمِنِينَ أَلَن يَكْفِيَكُمْ أَن
يُمِدَّكُمْ رَبُّكُم بِثَلَٰثَةِ ءَالَٰفٍ مِّنَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ مُنزَلِينَ ﴿١٢٤﴾ بَلَىٰٓ ۚ إِن
تَصْبِرُوا۟ وَتَتَّقُوا۟ وَيَأْتُوكُم مِّن فَوْرِهِمْ هَٰذَا يُمْدِدْكُمْ رَبُّكُم
بِخَمْسَةِ ءَالَٰفٍ مِّنَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ مُسَوِّمِينَ ﴿١٢٥﴾ وَمَا جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا
بُشْرَىٰ لَكُمْ وَلِتَطْمَئِنَّ قُلُوبُكُم بِهِۦ ۗ وَمَا ٱلنَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِندِ
ٱللَّهِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَكِيمِ ﴿١٢٦﴾

*ئاللاھ سىلەرگە بەدرى غازىتىدا نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىرىڭلار ئاز ئىدى)① .*

***شۇكۇر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار [123]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆئمىنلەرگە (تەسەللىي بېرىپ): «پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسىمۇ يەتمەمدۇ؟» دېگەن ئىدىڭ [124]. شۇنداق، ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر (جەڭدە) سەۋر قىلساڭلار (چىداملىق بولساڭلار) ۋە تەقۋادار بولساڭلار (بۇيرۇققا ئىتائەت قىلساڭلار)، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ② بەلگىلىك پەرىشتە③ بىلەن ياردەم بېرىدۇ [125]. ئاللاھ ئۇنى (يەنى پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى) پەقەت سىلەرگە خۇش خەۋەر بولسۇن ۋە دىلىڭلار شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولسۇن (شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقمىسۇن) دەپ قىلدى. ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر [126].***

① بۇ يەردە قوشۇن سانىنىڭ ۋە قورال-ياراقنىڭ ئازلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى بەدر غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 313 ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئاتلىق، يەتمىش تۆگىلىك كىشى بار ئىدى، قالغانلىرى پىيادە ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② مۇسۇلمانلار بەدرى غازىتىدا پەقەت قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن چىققان ئىدى. لېكىن بەدرگە يېتىپ كەلگەن چاغدا مەككىدىن زور بىر قوشۇننىڭ تولۇق تەييارلىق بىلەن كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدە بىئاراملىق، تەشۋىش ۋە ئۇرۇش قىلىش ياكى قىلماسلىققا قارىتا ئىككىلىنىش پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا باشتا مىڭ، كېيىن ئۈچ مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بەردى. يەنە شۇنداق ۋەدە قىلدىكى، ئەگەر سىلەر سەۋرچانلىق ۋە تەقۋالىق بىلەن مۇستەھكەم تۇرساڭلار، مۇشرىكلار سىلەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلسا، پەرىشتىلەرنىڭ سانى بەش مىڭغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمى شىددەتلىك بولمىغان (بەدرگە كەلمەي تۇرۇپ ئۇلار بۆلۈنگەن، بىر بۆلىكى مەككىگە قايتىپ كەتكەن، قالغانلىرى بەدرگە كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى كاتتىباشلار ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغان).

شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپكى بىشارەتكە ئاساسەن ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈلگەن، تولۇق بەش مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيتى قالمىغان، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە تولۇق بەش مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈلگەن.

③ يەنى تونۇش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى بولىدۇ.

لِيَقْطَعَ طَرَفًا مِّنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَوْ يَكْبِتَهُمْ فَيَنقَلِبُوا۟ خَآئِبِينَ ﴿١٢٧﴾
لَيْسَ لَكَ مِنَ ٱلْأَمْرِ شَىْءٌ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ أَوْ يُعَذِّبَهُمْ فَإِنَّهُمْ
ظَٰلِمُونَ ﴿١٢٨﴾ وَلِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ يَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ
وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢٩﴾

***(ئاللاھنىڭ ياردەم بىرىشى) كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ (ھەممىسى) ئۈمىدسىز ھالدا مەغلۇپ بولۇپ قايتىشى ئۈچۈندۇر① [127]. (ئى پەيغەمبەر!) ھېچ ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس②. ئاللاھ ئۇلارنى يا تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ③ ياكى ئۇلارنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن) ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار زالىملاردۇر [128]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [129].***

① بۇ يەردە ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ نەتىجىسى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. سۈرە ئەنفالدا پەرىشتىلەرنىڭ سانى مىڭ دېيىلگەن ئىدى، ﴿ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئاللاھ: «سىلەرگە ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى﴾. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھەقىقەتتە مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈلگەن، يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ تەسەللىي تېپىشى ئۈچۈن ئۈچ مىڭ ۋە بەش مىڭ پەرىشتە چۈشۈرىلىدىغانلىقى شەرتلىك ۋەدە

قىلىنغان. مۇسۇلمانلارنىڭ تەسكىن تاپقانلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بەش مىڭ پەرىشتىگە ئېھتىياج بولمىغانلىقى ئايان بولىدۇ. بەزى تەپسىرشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئۈچ مىڭ ۋە بەش مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈلمىگەن. چۈنكى ئەسلىي مەقسەت مۇسۇلمانلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەسلىي مەدەتكار پەقەت ئاللاھ تائالا ئىدى، ئاللاھ ياردەم بېرىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرگە ياكى باشقا شەيئىلەرگە موھتاج ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالا بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا ياردەم بەردى، ئۇلار تارىختىي غەلىبىگە ئېرىشتى، كاپىرلارنىڭ كۆپچى خىلىلا ئاجىزلىدى، ئېغىز-بۇرۇنلىرى توپىغا مىلەندى. (ئەيسەر تەپاسىر)

② يەنى ئۇ كاپىرلارنى ھىدايەت قىلىش ياكى ئۇلار ھەققىدە ھەرقانداق بىر ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھنىڭ ئىختىيارلىقىدا. ھەدىسلەردە مۇنداق كەلگەن: ئۇھۇد غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇل چىشى سۇنۇپ كەتتى ۋە مۇبارەك يۈزى يارىلاندى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەيغەمبىرىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلغان قەۋم قانداق نىجات تاپار؟» دەپ، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. باشقا رىۋايەتلەردە نەقىل قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كاپىرلار ئۈچۈن دۇئايىبەت قىلغان ئىدى، شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئايىبەت قىلىشنى توختاتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر) بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە دەپ قارايدىغانلار ساۋاق ئېلىش لازىمكى، بىرەر ئادەمنى ھىدايەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلكىدىكى ۋە ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس ئىدى، گەرچە ئۇ كىشىلەرنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ.

③ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئايىبەت قىلغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەۋپىق بېرىشى بىلەن مۇسۇلمان بولىدى. بۇنىڭدىن مۇتلەق ھوقۇقلۇق ۋە غەيبنى بىلگۈچى زاتنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدى.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُواْ ٱلرِّبَوٰٓاْ أَضۡعَٰفٗا مُّضَٰعَفَةٗۖ وَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٣٠﴾ وَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِيٓ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٣١﴾
وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿١٣٢﴾ ۞ وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ
مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿١٣٣﴾
ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ وَٱلۡعَافِينَ
عَنِ ٱلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٣٤﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار①، نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن (نەھيى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ) قورقۇڭلار [130]. كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار [131]. سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار [132]. پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە (ئېرىشىشكە) ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە (كىرىشكە) ئالدىراڭلار② [133]. تەقۋادارلار باياشاتچىلىقتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىغانلار③، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر④. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ [134].***

① ئۇھۇد غازىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق ۋە مال-دۇنياغا ھېرىسمەنلىك سەۋەبىدىن بولغان ئىدى، شۇڭا ئەمدى ھېرىسمەنلىك ۋە ئاچ كۆزلۈكنىڭ قورقۇنچلۇق ۋە مۇستەقىل شەكلى بولغان جازانىخورلۇقتىن مەنئى قىلىنىۋاتىدۇ يەنە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلىكى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ﴿جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار﴾ دېگەننىڭ مەنىسى، جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرماي يېسە مۇتلەق جايىز بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى جازانە ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئايرىم بولسۇن ياكى ئارىلاش بولسۇن مۇتلەق ھارامدۇر. بۇ نۇقتا ئىلگىرى بايان

قىلىندى. بۇ يەردە «قاتمۇقات» دەپ قەيت قىلىنىشى ھاراملىقنىڭ شەرتى ئەمەس بەلكى ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق ئىپتىلغان سۆز بولۇپ، شۇ دەۋردىكى جازانىنىڭ قانداقلىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇلار ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋردە جازانىنىڭ مۇنداق بىر شەكلى ئومۇملاشقان ئىدى: ئەگەر قەرز ئالغان كىشى قەرزنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا، كېچىكتۈرگەن مۇددەت بويىچە قەرزنىڭ ئۆسۈمىمۇ ئېشىپ باراتتى. شۇ ۋەجىدىن ئاز قەرز قاتلىنىپ-قاتلىنىپ ناھايىتى جىق بولۇپ كېتەتتى، ھەتتا ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ ئادا قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتەتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ئاللاھتىن قورقۇڭلار. كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار﴾. بۇنىڭدىن يەنە ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىندۇ يەنى جازانىخورلۇقتىن ئۆزۈڭلارنى تارتمىساڭلار، بۇ ھارام ئىش سىلەرنى كۇفرىغا ئېلىپ بارىدۇ، چۈنكى جازانىخورلۇق ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقتۇر.

② مال-دۇنيانىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاخىرەتنى زىيان تارتقانىنىڭ ئورنىغا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا بويسۇنۇپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ، تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان جەننەتنىڭ يولىغا كىرىڭلار. تۆۋەندە شۇ تەقۋادارلارنىڭ بىر نەچچە سۈپەتلىرى بايان قىلىندۇ.

③ يەنى ئۇلار پەقەت خۇرسەن ھالەتتىلا ئەمەس، قىيىنچىلىقتا قالغاندىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىدۇ. دېمەك ئۇلار ھەرقانداق ئەھۋال ۋە ھەر جايدا ئاللاھنىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلىدۇ.

④ غەزىپى ئېشىپ كەتسە، ئۇنى يۇتۇۋېتىدۇ. يەنى ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

وَٱلَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةً أَوْ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمْ ذَكَرُواْ ٱللَّهَ فَٱسْتَغْفَرُواْ
لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ ٱلذُّنُوبَ إِلَّا ٱللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَىٰ مَا فَعَلُواْ
وَهُمْ يَعْلَمُونَ ١٣٥ أُوْلَٰٓئِكَ جَزَآؤُهُم مَّغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَجَنَّٰتٌ
تَجْرِي مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَنِعْمَ أَجْرُ ٱلْعَٰمِلِينَ ١٣٦
قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِكُمْ سُنَنٌ فَسِيرُواْ فِي ٱلْأَرْضِ فَٱنظُرُواْ كَيْفَ

كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ١٣٧ هَٰذَا بَيَانٞ لِّلنَّاسِ وَهُدٗى وَمَوۡعِظَةٞ
لِّلۡمُتَّقِينَ ١٣٨ وَلَا تَهِنُواْ وَلَا تَحۡزَنُواْ وَأَنتُمُ ٱلۡأَعۡلَوۡنَ إِن كُنتُم
مُّؤۡمِنِينَ ١٣٩

*تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ قالسا، دەرھال ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ①، گۇناھلارنى ئاللاھتىن باشقا كىم كەچۈرەلەيدۇ؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ [135]. ئەنە شۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى! [136] سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن. شۇڭا، سىلەر يەر يۈزىنى كېزىپ، (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار② [137]. بۇ (قۇرئان) (ئومۇمى) ئىنسانلارغا باياندۇر (يەنى ھالال بىلەن ھارامنى ئۈچۈق بايان قىلىدۇ)، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز - نەسىھەتتۇر [138]. (جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، (شېھىت بولغانلار ئۈچۈن) قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر③ [139].*

① يەنى ئىنسانچىلىقتا ئۇلاردىن بىرەر گۇناھ ياكى خاتالىق سادىر بولۇپ قالسا، دەرھال تەۋبە قىلىشقا ئالدىرايدۇ.

② ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 700 ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن 50 نەپەر ئوقياچىنى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنىڭ باشچىلىقىدا بىر تاغنىڭ يان تەرىپىگە تۇرغۇزۇپ: «بىز غەلىبە قىلايلى ياكى مەغلۇپ بولايلى، سىلەر ئورنۇڭلاردىن مىدىرلىماي تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ئارقا تەرەپتىن كېلىدىغان ئاتلىق قوشۇننىڭ ئالدىنى توسۇش» دەپ تەكىتلىدى. لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە

قىلىپ، غەنىيمەت توپلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنىڭ مەقسىتى جەڭ تۈگىمىگىچە، بىزنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلماسلىقىمىز ئىدى، ئەمدى جەڭ تۈگىدى، كاپىرلار قېچىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا بۇ يەردە تۇرىۋېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ تۇرىۋاتقان جايلىرىنى تاشلاپ، غەنىيمەت توپلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، پەقەت **10** ئادەملا قالدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن كاپىرلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئارقا تەرەپتىن مۇسۇلمانلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ سەپلىرى بۇزۇلۇپ، ساراسىمىگە چۈشتى، پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، نۇرغۇن زىيان تارتتى. بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا تەسەللىي بېرىۋاتىدۇكى، سىلەر دۇچ كەلگەن بۇ ۋەقە يېڭى بىر ئىش ئەمەس، ئىلگىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن. ئاخىرىدا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ئىنكار قىلغانلار ھالاك بولغان.

③ ئالدىنقى قېتىملىق غازاتتا سىلەرگە يەتكەن زىيان تۈپەيلى سۇسلىشىپ قالماڭلار، غەمكىن بولماڭلار، سىلەرنىڭ ئىمانىي كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار مەۋجۇتلا بولىدىكەن، سىلەر چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك بولىشىدىكى مۇھىم سىر ۋە غەلىبىنىڭ ئاساسى ئىمان كۈچىدىن كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. نەتىجىدە شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر غازاتتا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى.

إِن يَمۡسَسۡكُمۡ قَرۡحٞ فَقَدۡ مَسَّ ٱلۡقَوۡمَ قَرۡحٞ مِّثۡلُهُۥۚ وَتِلۡكَ ٱلۡأَيَّامُ
نُدَاوِلُهَا بَيۡنَ ٱلنَّاسِ وَلِيَعۡلَمَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَيَتَّخِذَ مِنكُمۡ
شُهَدَآءَۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٤٠ وَلِيُمَحِّصَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَيَمۡحَقَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٤١ أَمۡ حَسِبۡتُمۡ أَن تَدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ وَلَمَّا يَعۡلَمِ
ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ مِنكُمۡ وَيَعۡلَمَ ٱلصَّٰبِرِينَ ١٤٢

***ئەگەر سىلەرگە (ئۇھۇد غازىتىدا) بىر تالاپەت يەتكەن بولسا (يەنى سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ***

**(بەدرى غازىتىدا) ئۇخشاشلا تالاپەت يەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارمۇ يارىلانغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى). بۇنداق كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)①، (بۇ) ئاللاھنىڭ (ھەقىقىي) ئىمان ئېيتقانلارنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر. ئاللاھ زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ [140]. يەنە ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق گۇناھلىرىدىن) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر② [141]. (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ھەقىقىي جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى تېخى بىلمەي (يەنى ئايرىماي، زاھىر قىلماي) تۇرۇپ③، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) سىلەر جەننەتكە كىرىشنى ئويلىغانمىدىڭلار؟④ [142].**

① بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارغا ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇپ بىلەن تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر يارىلانغان بولسا نېمە بوپتۇ؟ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارمۇ (بەدرى غازىتىدا) ۋە ئۇھۇد غازىتىنىڭ بېشىدا يارىلانغان. ئاللاھ ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت كۈنلىرىنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. يەنى بەزىدە غالىپنى مەغلۇپ، يەنە بەزىدە مەغلۇپنى غالىپ قىلىپ تۇرىدۇ.

② ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا يەتكەن ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەت ئۆزلىرىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىمۇ كەلگۈسى ئۈچۈن بىر قانچە ھېكمەتلىك سەۋەبلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇنداق بايان قىلدى: بىرىنچى، ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئايرىش ئۈچۈن. چۈنكى (سەۋر قىلىش ۋە مۇستەھكەم تۇرۇش ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر) ئۇرۇشنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلغان ۋە مۇستەھكەم تۇرغانلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر. ئىككىنچى، بىر قىسىم كىشىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىش ئۈچۈن. ئۈچىنچى، مۇئمىنلەرنى گۇناھتىن پاك قىلىش ئۈچۈن. " تمحيص“ دېگەن سۆزنىڭ

تاللاش، پاكلاش ۋە خالاس قىلىش دېگەن مەنىلىرىمۇ بار. يەنى گۇناھلاردىن پاكلاش ۋە خالاس قىلىش دېمەكتۇر. (فەتھۇلقەدىر) تۆتىنچى، كاپىرلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن. يەنى ئۇلار ۋاقىتلىق غەلىبىدىن مەغرۇرلىنىپ، تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىدۇ-دە، بۇ كۆرەڭلىك ئۇلارنىڭ تالاپەت ۋە ھالاكەتكە دۇچار بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

③ بۇ مەزمۇن ئىلگىرى سۈرە بەقەرەدە بايان قىلىنىپ بولغان ئىدى، بۇ يەردە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قايتا بايان قىلىنىۋاتىدۇ. جەننەت مۇنداق ئاسانلا قولغا كەلمەيدۇ، جەننەتكە لايىق بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ھەر خىل سىناق ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ ۋە جىھاد مەيدانلىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرىپ، مۇستەھكەم تۇرامسىلەر-يوق؟ بۇنىڭدا سىنىلىسىلەر.

④ يەنى جىھاد ۋە باشقا مۇشەققەتلەر بىلەن سىنالماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟ ئۇنداق بولمايدۇ، بەلكى جەننەتكە سىناقتىن ئۆتكەنلەر كىرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى﴾. (سۈرە بەقەرە 214-ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلار ‹ئىمان ئېيتتۇق› دەپ قويۇش بىلەنلا، سىنالماي تەرك ئېتىلمىز دەپ ئويلامدۇ؟﴾. (سۈرە ئەنكەبۇت 2-ئايەت)

وَلَقَدۡ كُنتُمۡ تَمَنَّوۡنَ ٱلۡمَوۡتَ مِن قَبۡلِ أَن تَلۡقَوۡهُ فَقَدۡ رَأَيۡتُمُوهُ
وَأَنتُمۡ تَنظُرُونَ ١٤٣ وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٞ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِ
ٱلرُّسُلُۚ أَفَإِيْن مَّاتَ أَوۡ قُتِلَ ٱنقَلَبۡتُمۡ عَلَىٰٓ أَعۡقَٰبِكُمۡۚ وَمَن يَنقَلِبۡ
عَلَىٰ عَقِبَيۡهِ فَلَن يَضُرَّ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۗ وَسَيَجۡزِي ٱللَّهُ ٱلشَّٰكِرِينَ ١٤٤

***سىلەر ئۆلۈم (يەنى دۈشمەن) بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار①، مانا ئەمدى ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر② (ئەمدى نېمىشقا مەغلۇپ بولىسىلەر؟)***

*[143]. مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر③، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن). ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، سىلەر ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ④. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ⑤ [144].*

① بۇ يەردىكى خىتاب بەدرى غازىتىغا قاتنىشالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ، يەنە بىر جىھاد بولۇپ قالسا، كاپىرلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، جىھادنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغان ساھابە كىراملارغا قارىتىلغان (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). ئەنە شۇ ساھابىلار ئۇھۇد غازىتىدا جاسارەت كۆرسىتىش قىزغىنلىقىدا، مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا مەسلىھەت بەرگەنلەر ئىدى. بىراق (يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك) مۇسۇلمانلارنىڭ غەلبىسى كاپىرلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى بىلەن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەندە، بۇ جاسارەتلىك ساھابىلەرمۇ ساراسىمىگە چۈشكەن، بەزىسى قېچىپ كەتكەن (ئۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە كېلىدۇ)، ئاز بىر قىسمى مۇستەھكەم تۇرغان ئىدى. (فەتھۇلقەدىر) شۇ ۋەجىدىن ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «سىلەر دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار ۋە ئاللاھ تائالادىن خاتىرجەملىكنى سوراڭلار. ئەگەر دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭلار، ئۇرۇشتا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار. بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 2966- ھەدىس)

② ﴿رَاَيْتُمُوْهُ﴾ ۋە ﴿تَنْظُرُوْنَ﴾ ھەر ئىككىسىنىڭ مەنىسى كۆرۈش دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردە تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئىككى خىل سۆز ئىشلىتىلدى، يەنى قىلىچ ـ شەمشەرلەر يالتىرىغان، يا ئوقلىرى ۋە نەيزىلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە لەشكەرلەر ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈزگەن سەپلەر ئارىسىدا ئۆلۈمنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

③ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) پەقەت بىر رەسۇل ـ ئەلچىدۇر. «يەنى ئۇنىڭ ئىمتىيازلىق سالاھىيىتىمۇ ئەلچىلىكتۇر، بىراق ئۇ ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتتىن تاشقىرى ۋە ئۆلۈمگە دۇچار بولمايدىغان ئىلاھلىق

سۈپەتكە ئىگە ئەمەس».

④ ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى كاپىرلارنىڭ «مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى» دەپ تارقاتقان ئىغۋالىرى ئىدى. بۇ خەۋەر مۇسۇلمانلارغا يەتكەندە بەزىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى توۋەنلەپ كەتتى، بەزىلەر ئۇرۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت نازىل بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىرلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى ئۇنىڭ ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولۇشى يېڭى بىر ئىش ئەمەس، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپ پەيغەمبەرلەر ۋاپات بولغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆلۈمگە دۇچار بولسا (مەسىلەن: شۇنداق پەرەز قىلىنسا)، دىنىدىن يېنىۋالامسىلەر؟ بىلىڭلاركى، كىمكى (ئىماندىن) ئارقىسىغا يېنىۋالسا، زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان چاغدا بۇ ئىش ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاتتىق ئېغىر كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى ئۇنىماي تۇرغان ئىدى، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دانالىق بىلەن يول تۇتۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىدە ئۆرە تۇرۇپ، بۇ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلدى، بۇ ئايەتلەردىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تەسىرلەندى، بۇ ئايەتلەر ئۇنىڭغا ھازىر چۈشكەندەك تۇيغۇ بەردى.

⑤ يەنى ئاللاھ تائالا چىدامچانلىق كۆرسەتكەن، ھەقتىن چېكىنمەي مۇستەھكەم تۇرغان ۋە نېمەتلىرىگە ئەمەلىي شۈكۈر قىلغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

وَمَا كَانَ لِنَفۡسٍ أَن تَمُوتَ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِ كِتَٰبٗا مُّؤَجَّلٗاۗ وَمَن يُرِدۡ
ثَوَابَ ٱلدُّنۡيَا نُؤۡتِهِۦ مِنۡهَا وَمَن يُرِدۡ ثَوَابَ ٱلۡأٓخِرَةِ نُؤۡتِهِۦ مِنۡهَاۚ
وَسَنَجۡزِي ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٤٥﴾ وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيّٖ قَٰتَلَ مَعَهُۥ رِبِّيُّونَ
كَثِيرٞ فَمَا وَهَنُواْ لِمَآ أَصَابَهُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَمَا ضَعُفُواْ وَمَا
ٱسۡتَكَانُواْۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٤٦﴾ وَمَا كَانَ قَوۡلَهُمۡ إِلَّآ أَن قَالُواْ
رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسۡرَافَنَا فِيٓ أَمۡرِنَا وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا وَٱنصُرۡنَا

عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٤٧﴾ فَـَٔاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ ثَوَابَ ٱلدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ
ٱلْـَٔاخِرَةِ ۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٤٨﴾

*ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، (ئاللاھ ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى (ۋاقتى ـ سائىتى بىلەن) پۈتۈۋەتكەن (ئۇنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ). كىمكى دۇنيا ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى بېرىمىز (ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ). كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى بېرىمىز①، شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز [145]. نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن ئۆزلىرىنى ئاللاھقا ئاتىۋەتكەن كىشىلەر بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەر ئالدىدا روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ② [146]. ئۇلار پەقەت: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا گەپنى قىلمىدى [147]. شۇڭا، ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، ئاللاھ (ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ [148].*

① بۇ ئايەتلەردە قورقۇنچاق كىشىلەرنى رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن دېيىلىۋاتىدۇكى، ئەجەل توشقاندا ئۆلۈم ھامان كېلىدىغان تۇرسا، قورقۇنچاقلىق قىلغاننىڭ ۋە قاچقاننىڭ نېمە پايدىسى؟ شۇنىڭدەك، پەقەت دۇنيانىلا تەلەپ قىلغانلار ئاز ـ تولا بىر نەرسىگە ئېرىشىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاخىرەتنى تەلەپ قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ، يەنە دۇنيانىمۇ ئۇلارغا بېرىدۇ. توۋەندە ئۇلارنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۇرۇش ھەم تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ

ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغانلىق مىساللىرى بايان قىلىنىدۇ.

② يەنى ئاللاھ تائالا جەڭ مەيدانلىرىدىكى كۆلپەتلەرگە باش ئەگمىگەن، بوشاشمىغان ۋە قورقۇنچاقلىق قىلمىغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تُطِيعُواْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَرُدُّوكُمۡ عَلَىٰٓ
أَعۡقَٰبِكُمۡ فَتَنقَلِبُواْ خَٰسِرِينَ ﴿١٤٩﴾ بَلِ ٱللَّهُ مَوۡلَىٰكُمۡۖ وَهُوَ خَيۡرُ
ٱلنَّٰصِرِينَ ﴿١٥٠﴾ سَنُلۡقِي فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلرُّعۡبَ بِمَآ أَشۡرَكُواْ
بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗاۖ وَمَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ وَبِئۡسَ مَثۡوَى
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٥١﴾

*ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا (يەنى كۇفرىغا) قايتۇرۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتىپ قالىسىلەر [149]. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىدىغان مەدەتكارىڭلار ئەمەس)، ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار)، ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر① [150]. كاپىرلار ئاللاھ (ئىلاھلىقىغا) ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى② (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، (كاپىرلىقنى تاللاپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان) بۇ زالىملارنىڭ جايى (يەنى دوزاخ) نېمە دېگەن يامان! [151].*

① بۇ مەزمۇن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىپ بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردە قايتا تەكرارلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇھۇد غازىتىدىكى مەغلۇبىيەتنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، بىر قىسىم كاپىرلار ياكى مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا: ئەمدى ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ دىنىغا قايتىۋېلىڭلار، دەپ مەسلىھەت بېرىۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە مۇسۇلمانلارغا دېيىلىدىكى، كاپىرلارغا ئىتائەت قىلىش ھالاكەتكە ۋە زىيانكارلىققا ئېلىپ بارىدۇ،

غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ، ئاللاھتىن ياخشىراق ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر.

② مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرگەن بىر قىسىم كاپىرلار ئەمدى مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى كەلدى دەپ ئويلاشتى. دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇسۇلمانلارنىڭ قورقۇنچىسىنى سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. (فەتھۇلقەدىر) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «ماڭا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ھېچقايسىسىغا بېرىلمىگەن بەش خىل ئالاھىدىلىك بېرىلدى. ماڭا بىر ئايلىق مۇساپە يىراقلىقتىكى (كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا) قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى. زېمىن مەن ئۈچۈن مەسجىد ۋە پاكىز جاي قىلىپ بېرىلدى. غەنىيمەتلەر ھالال قىلىندى. ماڭا شاپائەت قىلىش ئىمتىيازى بېرىلدى ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرىگە خاس ئەۋەتىلگەن بولسا، مەن پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم». (سۈنەنى نەسائى 432-ھەدىس) بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولدىكى، دۈشمەنلەرنىڭ دىللىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قورقۇش تۇيغۇسى سېلىنغان. بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن قورقۇش (يەنى مۇسۇلمانلاردىن قورقۇش ۋەھىمىسى)مۇ مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىغا سېلىنغان. سەۋەبى ئۇلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن. شۇ ۋەجىدىن شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ دىللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ تىترەپلا تۇرىدۇ. ئېھتىمال مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارمۇ شېرىك ئەقىدە ۋە ئەمەللەرگە مۇبتىلا بولغاچقا، دۈشمەنلەر ئۇلاردىن قورقماستىن، ئۇلار دۈشمەنلەردىن قورقىدۇ.

وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ ٱللَّهُ وَعْدَهُۥٓ إِذْ تَحُسُّونَهُم بِإِذْنِهِۦ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَٰزَعْتُمْ فِى ٱلْأَمْرِ وَعَصَيْتُم مِّنۢ بَعْدِ مَآ أَرَىٰكُم مَّا تُحِبُّونَ ۚ مِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلدُّنْيَا وَمِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلْءَاخِرَةَ ۚ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ ۖ وَلَقَدْ عَفَا عَنكُمْ ۗ وَٱللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى

ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٥٢﴾

***شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتقان چېغىڭلاردا، ئاللاھ سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى① . ئاللاھ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن② بوشاڭلىق قىلىپ، (پەيغەمبەر ئوقچى قوشۇنغا قىلغان) بۇيرۇق توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىشتىڭلار، ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا) بويسۇنمىدىڭلار③ ، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار④ ، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار⑤ ، ئاندىن ئاللاھ سىناش ئۈچۈن سىلەرنى دۈشمەندىن قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى)⑥ ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ مۆئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر⑦ [152].***

① بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «ئاللاھنىڭ ۋەدىسى» ئۈچ مىڭ ۋە بەش مىڭ پەرىشتىنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ قاراش ئەسلا توغرا ئەمەس، توغرىسى شۇكى، پەرىشتىلەرنىڭ چۈشكەنلىكى پەقەت بەدر غازىتىغىلا خاس ئىدى. ئەمما بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ۋەدە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە-نۇسرەتكە ئېرىشىش ھەققىدىكى ئومۇمىي ۋەدىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ۋەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق خېلى بۇرۇنلا مۇسۇلمانلارغا ئۇقتۇرۇلغان ئىدى، ھەتتا ئۇ ۋەدىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ بەزىسى مەككىدە چۈشۈپ بولغان ئىدى. شۇ ۋەدىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلار ئۇھۇد غازىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئىدى، ئايەتتىكى ﴿ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن قىرىۋاتقان چېغىڭلاردا﴾ دېگەن جۈملە ئەنە شۇ غەلىبىگە قارىتىلغان.

② بۇ يەردىكى كۆرسىتىلگەن غەلىبە مۇسۇلمانلار غازاتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئېرىشكەن غەلىبىگە قارىتىلغان.

③ بۇ يەردىكى تالاش-تارتىش ۋە بويسۇنماسلىق 50 نەپەر ئوقياچىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار غەلىبىنى كۆرۈپ ئۆزئارا ئىختىلاپلاشقان ۋە كۆپىنچىسى مۇداپىئە ئورنىنى تاشلاپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن كاپىرلارنىڭ قايتۇرما زەربىگە ئۇتتۇشىگە پۇرسەت

يارىتىلغان ئىدى.

④ يەنى غەنىيمەتنى كۆزلىدىڭلار. بۇلار غەنىيمەتنى كۆزلەپ، قوغداش قاتتىق تەكىتلەنگەن تاغنى تاشلاپ كەتكەنلەر ئىدى.

⑤ بۇلار مۇداپىئە ئورنىنى تاشلاپ كېتىشتىن باشقىلارنى توسقانلار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەزكۇر ئورۇننى قوغداشتا مۇستەھكەم تۇرغانلار ئىدى.

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلغاندىن كېيىن يەنە مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، ئۇ كاپىرلاردىن سىلەرنى قايتۇردى، مەقسەت سىلەرنى سىناش ئىدى.

⑦ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ساھابە كىراملارغا (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن)، كەمچىلىكلىرى بولسىمۇ، مەرھەمەت قىلغانلىقىنى ۋە شەرەپ ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. كەلگۈسىدە قايتا تەكرارلىماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى، يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا تىل تەككۈزمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى قۇرئان كەرىمدە ئېلان قىلغان تۇرسا، ئەمدى ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تىلغا ئېلىپ، تاپا-تەنە ۋە مالامەت قىلىش قانداقمۇ جايىز بولسۇن؟! سەھىھۇل بۇخارىدا مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: بىر ئادەم ھەج مەۋسۇمىدە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، «ئۇ بەدرى غازىتى ۋە رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشمىغان، يەنە ئۇھۇد غازىتىدا قاچقان» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: «بەدرى غازىتى بولغاندا ئۇنىڭ ئايالى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى) ئاغرىق ئىدى، رىزۋان بەيئىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مەككىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇھۇد غازىتىدا قاچقانلارنى ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلىۋەتكەن» دېدى، (سەھىھۇل بۇخارى 3699-ھەدىستىكى ئۇھۇد ۋەقەسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

إِذْ تُصْعِدُونَ وَلَا تَلْوُۥنَ عَلَىٰٓ أَحَدٍ وَٱلرَّسُولُ يَدْعُوكُمْ فِىٓ أُخْرَىٰكُمْ

فَأَثَٰبَكُمۡ غَمَّۢا بِغَمّٖ لِّكَيۡلَا تَحۡزَنُواْ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمۡ وَلَا مَآ
أَصَٰبَكُمۡۗ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٥٣﴾ ثُمَّ أَنزَلَ عَلَيۡكُم مِّنۢ
بَعۡدِ ٱلۡغَمِّ أَمَنَةٗ نُّعَاسٗا يَغۡشَىٰ طَآئِفَةٗ مِّنكُمۡۖ وَطَآئِفَةٞ قَدۡ أَهَمَّتۡهُمۡ
أَنفُسُهُمۡ يَظُنُّونَ بِٱللَّهِ غَيۡرَ ٱلۡحَقِّ ظَنَّ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِۖ

***ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر (ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، مەن رەسۇلۇللاھدۇرمەن، كىمكى جىھاد مەيدانىغا قايتسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ دەپ) ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى①، سىلەر ھېچكىمگە بۇرۇلۇپ قارىماستىن يۇقىرى تەرەپكە قاچاتتىڭلار②، (بۇنىڭدىن كېيىن) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (يەنى غەنىيمەتكە)، بېشىڭلارغا كەلگەنلەرگە (يەنى مەغلۇبىيەتكە) قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن③، ئاللاھ سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى سىلەرنى غەنىيمەتتىن مەھرۇم قىلغانلىقنىڭ ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى)④. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [153]. ئاندىن ئاشۇ غەمدىن كېيىن ئاللاھ سىلەرگە ئەمىنلىك (خاتىرجەملىك) چۈشۈرۈپ بەردىكى، (بۇ خاتىرجەملىكتىن كەلگەن) مۈگدەك ھالىتى سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى) قاپلىۋالدى⑤، يەنە بىر قىسمىڭلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى (يەنى كاپىرلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى)⑥، بۇلار، جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، ئاللاھقا قارىتا ناتوغرا قاراشتا بولدى⑦،***

① ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر قانچە ساھابىلىرى بىلەنلا قالغان ۋە قاچقانلارنى «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار» دەپ چاقىرىپ تۇراتتى. لېكىن ھەممە قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنلىكتىن بۇ چاقىرىقنى ئاڭلايدىغانلار يوق ئىدى.

② كاپىرلارنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان قايتۇرما ھۇجۇمىدىن مۇسۇلمانلار ھاڭ-تاڭ قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى قېچىپ كەتتى. بۇ ئايەت

شۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ بېرىۋاتىدۇ. ﴿تُصۡعِدُونَ﴾ ئەسلىدە "إِصْعَادٌ"دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، يۈگۈرۈپ قاچماق، يۇقىرىغا ئۆرلىمەك، قېچىپ كەتمەك دېگەن مەنىدە. (تەپسىر تەبەرى)

③ يەنى غەم ئۈستىگە غەم بەرگەنلىكى سىلەردە ئېغىرچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىرادە ۋە غەيرەت پەيدا قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئەگەر ئىنساندا چىدامچانلىق ۋە كۈچلۈك ئىرادە تېپىلسا، قولدىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرماستىن، دۇچ كەلگەن قېيىنچىلىق ئالدىدا يېڭىلىپ قالمايدۇ.

④ ﴿فَأَثَابَكُمْ﴾ يەنى خاتالىقىڭلارنىڭ جازاسى سۈپىتىدە سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى. ﴿غَمًّا بِغَمٍّ﴾ يەنى " غَمًّا عَلَى غَمٍّ " غەم ئۈستىگە غەم دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە ئىككى غەم تىلغا ئېلىنىدى، ئىبنى كەسىر ۋە ئىبنى جەرىرنىڭ ئەڭ توغرا دەپ قارىغان تەپسىرىگە ئاساسەن بۇ ئىككى غەمنىڭ بىرى، غەلىبە ۋە غەنىيمەتتىن مەھرۇم قېلىش غېمى بولسا، ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلاردىن بەزىلىرىنىڭ شېھىت بولۇشى، بەزىلىرىنىڭ يارىدار بولۇشى، بەزىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشى ۋە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن چۈشكەن غەم ئىدى.

⑤ مەزكۇر غەم-ئەندىشىلەردىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۆز پەزلىدىن مەرھەمەت ئاتا قىلدى. جەڭ مەيدانىدا قېپ قالغان مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەم مۈگدەشكە مۇۋەپپەق قىلدى. بۇ يەڭگىل ئۇيقۇ ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن بېرىلگەن نۇسرەت ۋە خاتىرجەملىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئىمام بۇخارى ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇھۇد غازىتىدا مەن مۈگدەك بېسىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. ھەتتا قىلىچىم قولۇمدىن بىر نەچچە قېتىم چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەنە چۈشۈپ كېتەتتى، يەنە ئالاتتىم. يەنە چۈشۈپ كېتەتتى، يەنە ئالاتتىم.» (سەھىھۇل بۇخارى 4068-ھەدىس) ﴿نُعَاسًا﴾ «مۈگدەك، ئۇيقۇ» دېگەن سۆز ﴿أَمَنَةً﴾ «ئەمىنلىك، خاتىرجەملىك»نى ئىزاھلاپ كەلگەن. يەنى ئاللاھ ئۇلارغا شۇنداق ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلدىكى، نەتىجىدە ئۇلارنى مۈگدەك باستى ۋە بىر ئاز ئارام ئالدى. ﴿طَآئِفَةً﴾ بىرلىك ھەم كۆپلۈك ئۈچۈن ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑥ «ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەنلەر» مۇناپىقلار ئىدى. ئېنىقكى، ئۇلار

بۇنداق ئەھۋالدا ئۆز جانلىرىنىڭ غېمىدىلا قالاتتى.

⑦ يەنى مۇھەممەدنىڭ يولى خاتا، ئۇ دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ئىستىقبالى قاراڭغۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلمەيدۇ، دېگەندەك ھەرخىل يامان قاراشلاردا بولدى.

يَقُولُونَ هَل لَّنَا مِنَ ٱلْأَمْرِ مِن شَيْءٍ ۗ قُلْ إِنَّ ٱلْأَمْرَ كُلَّهُۥ لِلَّهِ ۗ يُخْفُونَ فِىٓ أَنفُسِهِم مَّا لَا يُبْدُونَ لَكَ ۖ يَقُولُونَ لَوْ كَانَ لَنَا مِنَ ٱلْأَمْرِ شَيْءٌ مَّا قُتِلْنَا هَٰهُنَا ۗ قُل لَّوْ كُنتُمْ فِى بُيُوتِكُمْ لَبَرَزَ ٱلَّذِينَ كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقَتْلُ إِلَىٰ مَضَاجِعِهِمْ ۖ وَلِيَبْتَلِىَ ٱللَّهُ مَا فِى صُدُورِكُمْ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِى قُلُوبِكُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١٥٤﴾

*ئۇلار: «بىزگە بىرەر ئىشتا (يەنى ئۇرۇشقا چىقىشتا) ئىختىيار بارمىدى؟»① دەيتتى. ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىختىيارلىقىدىدۇر»②. ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ③. ئۇلار: «ئەگەر بىزدە (ئۇرۇشقا چىقىشتا) ئازراق ئىختىيار بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق» دەيدۇ④. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا قالغان تەقدىردىمۇ، (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈلۈپ كەتكەنلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بارغان بولاتتى⑤ (ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ). (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى تازىلاش ئۈچۈندۇر⑥. ئاللاھ كۆڭۈللەردىكىنى (ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) بىلگۈچىدۇر»⑦ [154].*

① يەنى ھازىر بىزگە ئاللاھ تەرەپتىن بىر نۇسرەت كېلىش ئىمكانى بارمۇ؟ يەنە بىر مەنىسى، بىزنىڭ گېپىمىز ئۆتەمدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىنامدۇ؟

② ئىش سىلەرنىڭ ياكى دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئىختىيارلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىختىيارلىقىدا، ياردەممۇ پەقەت ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ، غەلبە-نۇسرەتمۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بولىدۇ، بۇيرۇش ۋە چەكلەشمۇ ئاللاھنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ.

③ ئۇلار دىللىرىدا نىفاقنى يوشۇرىدۇ. ئەمما تاشقى جەھەتتىن ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلغۇچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

④ ئۇلار ئۆزئارا ياكى كۆڭلىدە شۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئۆلۈم ھەر ھالەتتە كېلىدۇ، ئاللاھ تائالا بىر ئىنساننىڭ قەيەردە ئۆلۈشىنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۆلۈم شۇ يەرگە كېلىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۆيۈڭلەردە ئولتۇرساڭلارمۇ، سىلەرنىڭ باشقا بىر جايدا ئۆلتۈرۈلۈشۈڭلار پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا، قازايى-قەدەر سىلەرنى شۇ يەرگە سۆرەپ بارىدۇ.

⑥ يۇز بەرگەن ئىشلاردىكى بىر مەقسەت قەلبىڭلاردىكى ئىمانىڭلارنى سىناش (مۇناپىقلارنى ئايرىش) ۋە دىلىڭلارنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاكلاش ئىدى.

⑦ يەنى ئاللاھ تائالا كىمنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ۋە كىمنىڭ مۇسۇلمانلىق تونىنى كىيىۋالغان مۇناپىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. جىھادنىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا كىملەرنىڭ مۆئمىن ۋە كىملەرنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكى ئېنىق ئايرىلىدۇ، ئۇلارنى ئاۋاممۇ كۆرىدۇ ۋە تونۇۋالىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَلَّوۡاْ مِنكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِ إِنَّمَا ٱسۡتَزَلَّهُمُ
ٱلشَّيۡطَٰنُ بِبَعۡضِ مَا كَسَبُواْۖ وَلَقَدۡ عَفَا ٱللَّهُ عَنۡهُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ
حَلِيمٞ ١٥٥ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
وَقَالُواْ لِإِخۡوَٰنِهِمۡ إِذَا ضَرَبُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ أَوۡ كَانُواْ غُزّٗى لَّوۡ كَانُواْ
عِندَنَا مَا مَاتُواْ وَمَا قُتِلُواْ لِيَجۡعَلَ ٱللَّهُ ذَٰلِكَ حَسۡرَةٗ فِي قُلُوبِهِمۡۗ
وَٱللَّهُ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ١٥٦

***(ئۇھۇدتا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلاردىن ئىبارەت) ئىككى قوشۇن بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئاراڭلاردىكى (جەڭدىن) چېكىنگەن كىشىلەرنى، بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى①. ئاندىن ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋەتتى②. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر [155]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە: «ئۇلار يېنىمىزدا بولغان بولسا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېيىشكەن كاپىرلارنى دورىماڭلار③، ئاللاھ بۇ (بۇزۇق ئېتىقاد)نى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قاتتىق ھەسرەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن (ئۇلارنىڭ دىللىرىغا سالدى)④. ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ). ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [156].***

① ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلاردىن سادىر بولغان خاتالىقنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى بەزى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ كۈنمۇ شەيتان ئۇلارنى تېيىلدۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. سەلەپ ئالىملىرىنىڭ بەزىسى مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلىققا بېرىلگەن ساۋابلاردىن بىرى ئۇ ياخشىلىقنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ياخشىلىققا قىلىش نېسىپ بولىدۇ؛ يامانلىققا بېرىلگەن جازالاردىن بىرى ئۇ يامانلىقنىڭ كەينىدىن تېخىمۇ كۆپ يامانلىققا يول ئېچىلىدۇ».

② ئاللاھ تائالا ساھابە كىراملارنىڭ خاتالىقلىرى، ئۇ خاتالىقلارنىڭ نەتىجە ۋە سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بىرىنچىسى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سۆيۈملۈك كىشىلەر بولغانلىقى ئايان بولسا، ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلغان راستچىل مۇئمىنلەرنى مالامەت ياكى تەنقىد نىشانى قىلىشنىڭ جايىز ئەمەسلىكى ئايان بولىدۇ. بۇ بارلىق مۇئمىنلەرگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

③ ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ بۇزۇق

ئەقىدىسىگە ئەگىششتىن چەكلەۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى قورقۇنچاقلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە توغرا ئەقىدىگە ئىگە بولغان مۇئمىنلەر بولسا، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئۇنىڭ مۇئەييەن بىر ۋاقتى بار دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش روھى يۇقىرى بولىدۇ.

④ مەزكۇر بۇزۇق ئېتىقاد ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەتنىڭ زىيادە بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. يەنى قېرىنداشلىرىنى سەپەرگىمۇ چىقماي، جەڭ مەيدانىغىمۇ بارماي، ئۆيدە ئولتۇرغان بولسا، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتى دەپ ھەسرەتلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار مۇستەھكەم قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسىمۇ، ئۆلۈم ھامان ئۇلارنى تاپىدۇ. ﴿قەيەردە بولساڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ﴾. (سۈرە نىسا 78-ئايەت) شۇڭا بۇنداق ھەسرەتتىن توغرا ئېتىقادقا ئىگە مۇسۇلمانلارلا ساقلىنالايدۇ.

وَلَئِن قُتِلْتُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ ﴿١٥٧﴾ وَلَئِن مُّتُّمْ أَوْ قُتِلْتُمْ لَإِلَى ٱللَّهِ تُحْشَرُونَ ﴿١٥٨﴾ فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ لِنتَ لَهُمْ ۖ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ ٱلْقَلْبِ لَٱنفَضُّوا۟ مِنْ حَوْلِكَ ۖ فَٱعْفُ عَنْهُمْ وَٱسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِى ٱلْأَمْرِ ۖ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَوَكِّلِينَ ﴿١٥٩﴾

***شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، (شۇنى بىلىڭلاركى)، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ياخشىدۇر① [157]. ئەگەر سىلەر (ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلارمۇ ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلارمۇ، (ئاخىرەتتە) چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر (ئاللاھ سىلەرنى ئەمەلىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ) [158]. (ئى مۇھەممەد!)***

***ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن②، (ۋەھيى كەلمىگەن) ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن③. (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن④. چۈنكى، ئاللاھ تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ [159].***

① ئۆلۈم ھەر ھالەتتە كېلىدۇ، ئەگەر بۇ ئۆلۈم ئىنسانغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىشكە لايىق بولغاندىن كېيىن كەلسە، بۇنداق ئۆلۈم ئىنساننىڭ ئۆمرىنى زايا قىلىپ توپلىغان مال-دۇنيادىن ياخشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاپ، ئىنتىلىپ تۇرۇشى لازىم. بەندە نىيىتىدە سەمىمىي بولسىلا، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە شەكسىز ئېرىشىدۇ.

② پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېسىل ئەخلاق ئىگىسى ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بۇ پەيغەمبىرىگە ئاتا قىلغان بىر مەرھەمىتىنى تىلغا ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى مۇلايىملىق ئۆزىنىڭ خاس مېھرىبانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ دەۋەت ۋە تەبلىغ ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈرلىكىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇلايىم بولماي، ئەكسىچە قوپال، تاش يۈرەك بولغان بولسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەستىن قېچىپ كېتەتتى بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن كىشىلەرگە ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ياشىدى.

③ يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارغا مەسلىھەت سالغىن. بۇ ئايەتتىن كېڭەشنىڭ ئەھمىيىتى، پايدىسى ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتتىكى قانۇنلۇق بىر زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر كېڭىشىشكە بۇيرۇغان بۇ ئەمرنى پەرز دەپ قارىسا، بەزىلەر ئۇنى مۇستەھەپ دەپ قارايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئىمام شەۋكانى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ھۆكۈمرانلار بىلمىگەن ۋە چۈشەنمىگەن مەسىلىلەردە ئۆلىمالارغا مەسلىھەت سېلىشى لازىم، ھەربىي ئىشلاردا قوماندانلارغا، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەردە

پۇقرالارغا، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئېھتىياجىغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ۋەزىرلەر ۋە ئىش باشقۇرغۇچىلارغا مەسلىھەت سېلىشى زۆرۈردۇر.» ئىبنى ئەتىييە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئەھلى ۋە ئۆلىمالارغا مەسلىھەت سالمايدىغان ھۆكۈمرانلارنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاشتا ئىختىلاپ يوق». كېڭەش قىلىش پەقەت شەرىئەت سۈكۈت قىلغان ياكى تەرتىپ-ئىنتىزامغا ئالاقىدار ئىشلاردىلا بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) (تەپسىلاتى ئۈچۈن سۈرە شۇرا نىڭ 38-ئايىتىنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

④ كېڭەشتىن كېيىن سېنىڭ رايىڭ پۇختا بولىدۇ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئىشىڭنى باشلىغىن. بۇنىڭدىن بىرىنچى، مەسلىھەت سالغاندىن كېيىن ئاخىرقى قارارنىڭ مەسلىھەت ئىگىلىرىنىڭ ياكى دېموكراتىيە نىزامىدەك كۆپ سانلىقنىڭ ئەمەس بەلكى ھاكىمنىڭ چىقارغان ھۆكمى بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئىككىنچى، مەسلىھەت بەرگۈچىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگە يۆلىنىش ۋە تەۋەككۇل قىلىش كېرەكلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتمۇ تەۋەككۇل قىلىشنى كۈچلۈك تەكىتلەيدۇ.

إِن يَنصُرْكُمُ ٱللَّهُ فَلَا غَالِبَ لَكُمْ ۖ وَإِن يَخْذُلْكُمْ فَمَن ذَا ٱلَّذِى يَنصُرُكُم مِّنۢ بَعْدِهِۦ ۗ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١٦٠﴾ وَمَا كَانَ لِنَبِىٍّ أَن يَغُلَّ ۚ وَمَن يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿١٦١﴾ أَفَمَنِ ٱتَّبَعَ رِضْوَٰنَ ٱللَّهِ كَمَنۢ بَآءَ بِسَخَطٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأْوَىٰهُ جَهَنَّمُ ۚ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٦٢﴾ هُمْ دَرَجَٰتٌ عِندَ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ بِمَا يَعْمَلُونَ ﴿١٦٣﴾

*ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرمىسە، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرەلەيدۇ؟ مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقىلا تاپشۇرسۇن!) [160] ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىيمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ)①. كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن،*

***قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ئاندىن ھەر كىشىگە قىلغان ئەمەلىنىڭ بەدىلى (مۇكاپاتى ياكى جازاسى) تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ [161]. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ۋە بارىدىغان جايى جەھەننەم بولغان كىشىگە ئوخشامدۇ؟ جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [162] ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ھەر خىل بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [163].***

① ئۇھۇد غازىتىدا مۇداپىئە ئورنىنى تاشلاپ، غەنىيمەت يىغىشقا كەتكەنلەر، ئەگەر بىز بارمىساق، غەنىيمەت باشقا كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. بۇ ئايەتتە ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇ: بۇ غەنىيمەتلەردىن نېسىۋەڭلارنىڭ بېرىلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدىڭلارمۇ؟ سىلەر ئۇرۇش قوماندانى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئامانەتدارلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىدىڭلارمۇ؟ بىلىپ قويۇڭلاركى، ھېچقانداق پەيغەمبەردىن بىرەر خىيانەتنىڭ سادىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى خىيانەت پەيغەمبەرلىككە زىت كېلىدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر خىيانەتكار بولسا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە كىم ئىشىنىدۇ؟ خىيانەت ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر. خىيانەتنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان.

لَقَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُواْ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبْلُ لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿١٦٤﴾

***ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان①***

***بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى②. ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى [164].***

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرنى ئادەم زاتى ۋە ئىنسانلار ئىچىدىن قىلغانلىقىنى بىر نېمەت سۈپىتىدە بايان قىلىۋاتىدۇ. ھەقىقەتتە بۇ كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىنى بىلىدىغان، شېۋىسىدە سۆزلەيدىغان بىر شەخسنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن بىر قانچە جەھەتتىن ياخشىدۇر: بىرىنچىدىن، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى ۋە شېۋىسىدە يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىش ھەممە ئادەمگە ئاسان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، كىشىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز تىپى ۋە جىنسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ، مايىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئەگىشىش ئاسان بولىدۇ، ئەمما پەرىشتىگە ئەگىشىش قىيىنغا توختايدۇ، پەرىشتىمۇ ئىنساننىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە ئېچكى دۇنياسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. شۇڭا، ئەگەر پەيغەمبەر پەرىشتىلەردىن بولغان بولسا، كىشىلەر دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر بولغان مەزكۇر قولاي ئىمتىيازلاردىن مەھرۇم قالغان بولاتتى، شۇ ۋەجىدىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم زاتىدىن يەنى ئىنسانلار ئىدى. قۇرئان كەرىم ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئادەمزات ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيي قىلدۇق﴾. (سۈرە يۇسۇف 109-ئايەت)، ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾. (سۈرە فۇرقان 20-ئايەت) يەنە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرنىڭ مۇبارەك تىلى ئارقىلىق پەيغەمبەرنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى دېگۈزىدۇ: ﴿سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت-ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!» دېگىن﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 6-ئايەت) ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى چۈشەنمەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئازغۇنلۇقتا كېتىۋاتىدۇ.

② بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرلىكنىڭ ئۈچ ئاساسى مەقسىتى بايان قىلىندى: بىرىنچى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىش، يەنى قۇرئاننى ئوقۇپ

بېرىش. ئىككىنچى، كىشىلەرنى پاك قىلىش. يەنى ئۇلارنى شېرىك ئېتىقادتىن پاك قىلىش. ئۈچىنچى، كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىش. تىلاۋەت قىلىش دېگەن كىتابنى ئۆگىتىشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۆگىتىش تىلاۋەت بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. تىلاۋەت قىلماي تۇرۇپ، ئۆگىتىش مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ تىلاۋەت ئايرىم تىلغا ئېلىندى. بۇنىڭدىن مەيلى ئوقۇغانلار مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇسۇن ياكى چۈشەنمەي ئوقۇسۇن، تىلاۋەتنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئۇلۇغ ئەمەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قۇرئاننىڭ مەنىسى ۋە مەقسەتلىرىنى چۈشىنىپ ئوقۇش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئەمما ئەگەر بىر كىشى قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ، قۇرئان ئوقۇشتىن غەپلەتتە قالماسلىقى لازىم. چۈشەنمەسلىكنى باھانە قىلىپ، قۇرئان ئوقۇشنى تەرك ئېتىش جايىز ئەمەس. «ئۇلارنى پاك قىلىش» دېگەندە ئەخلاق، ئەمەل ۋە ئەقىدىنى ئىسلاھ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى شېرىكتىن قۇتقۇزۇپ، تەۋھىدكە باشلىدى. ئەخلاقسىز ۋە مەدەنىيەتسىز بىر قەۋمنى مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقتا يۇكسەك دەرىجىگە يەتكۈزدى. كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، «ھېكمەت» دېگەندىن سۈننەت يەنى ھەدىس شېرىپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

أَوَ لَمَّآ أَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةٌ قَدۡ أَصَبۡتُم مِّثۡلَيۡهَا قُلۡتُمۡ أَنَّىٰ هَٰذَاۖ قُلۡ
هُوَ مِنۡ عِندِ أَنفُسِكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٦٥ وَمَآ أَصَٰبَكُمۡ
يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِ فَبِإِذۡنِ ٱللَّهِ وَلِيَعۡلَمَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٦٦ وَلِيَعۡلَمَ
ٱلَّذِينَ نَافَقُواْۚ وَقِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ قَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوِ ٱدۡفَعُواْۖ
قَالُواْ لَوۡ نَعۡلَمُ قِتَالٗا لَّٱتَّبَعۡنَٰكُمۡۗ هُمۡ لِلۡكُفۡرِ يَوۡمَئِذٍ أَقۡرَبُ مِنۡهُمۡ
لِلۡإِيمَٰنِۚ يَقُولُونَ بِأَفۡوَٰهِهِم مَّا لَيۡسَ فِي قُلُوبِهِمۡۚ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا
يَكۡتُمُونَ ١٦٧

***سىلەرگە يەتكەن تالاپەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن تالاپەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا①، سىلەر يەنە: «بۇ تالاپەت***

*قەيەردىن كەلدى؟» دەمسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) كەلدى»②. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.[165] ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئۇھۇد غازىتىدا) سىلەرگە كەلگەن تالاپەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى بىلىش (يەنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئايرىش) ئۈچۈندۇر [166] ۋە يەنە مۇناپىقلارنى بىلىش (يەنى ئايرىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش) ئۈچۈندۇر③، ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى (ھېچ بولمىغاندا ئۆزۈڭلارنى، ۋەتىنىڭلارنى) قوغداڭلار» دېيىلگەندە، ئۇلار: «ئەگەر ئۇرۇشنى (يەنى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقلارنى) بىلگەن بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگەشكەن بولاتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغان بولاتتۇق)»④ دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى⑤. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دەيدۇ⑥، ئۇلار يوشۇرۇۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ [167].*

① يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان بولسا، بەدرى غازىتىدا سىلەر مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان ئىدىڭلار.

② يەنى بۇ تالاپەت سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەپ، مۇداپىئە ئورنىدىن ئايرىلماڭلار! دېگەن بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن كەلدى (ئۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى بايان قىلىندى). شۇ خاتالىق سەۋەبىدىن كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈم قوشۇنى شۇ يوچۇقتىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

③ ئۇھۇد غازىتىدا سىلەرگە يەتكەن تالاپەت (كەلگۈسىدە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭدا يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن مۇناپىقلارنى ئايرىش مەقسىتىمۇ بار ئىدى.

④ «ئەگەر ئۇرۇشنى (يەنى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقلارنى) بىلگەن بولساق» دېگەندە مۇناپىقلارنىڭ: ئەگەر بىز سىلەرنىڭ راستتىنلا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ماڭغانلىقىڭلارنى بىلگەن بولساق، ئەلۋەتتە، بىز سىلەرگە ھەمراھ بولغان بولاتتۇق، لېكىن سىلەر ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە ئېلىپ كېتىۋاتقان تۇرساڭلار، بۇنداق خاتا يولدا سىلەرگە قانداقمۇ ھەمراھ بولىمىز، دېگەن سۆزلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ سۆزلەرنى بىزنىڭ رايىمىزنى ئالمىدىڭلار دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈنى يولنىڭ يېرىمىدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا ئېيتقانىدى. ئۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، جەڭگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. (بۇ نۇقتا ئىلگىرى تەپسىلى بايان قىلىندى)

⑤ ئۇلار مۇناپىقلىقى ۋە مەزكۇر سۆزلىرى سەۋەبىدىن كۇفرىغا (ياردەم بېرىشكە) يېقىن ئىدى.

⑥ يەنى ئۇلار ئاغزىلىرىدا بۇ گەپلەرنى دېگەن بىلەن دىللىرىدا: بىز ئايرىلىۋالساق، مۇسۇلمانلار ئاجىزلىشىدۇ، كاپىرلارغا پايدا بولىدۇ، دەيتتى. ئۇلارنىڭ غەرىزى ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىش ئىدى.

ٱلَّذِينَ قَالُواْ لِإِخْوَٰنِهِمْ وَقَعَدُواْ لَوْ أَطَاعُونَا مَا قُتِلُواْۗ قُلْ فَٱدْرَءُواْ
عَنْ أَنفُسِكُمُ ٱلْمَوْتَ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿١٦٨﴾ وَلَا تَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ
قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمْوَٰتًاۚ بَلْ أَحْيَآءٌ عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ ﴿١٦٩﴾
فَرِحِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِٱلَّذِينَ لَمْ
يَلْحَقُواْ بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿١٧٠﴾

***ئۇ مۇناپىقلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۆزلىرى (جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ، (ئۇھۇدتا شېھىت بولغان) قېرىنداشلىرى ھەققىدە: «ئەگەر ئۇلار بىزگە بويسۇنغان بولسا (يەنى نەسىھىتىمىزنى ئاڭلاپ ئۇرۇشتىن قايتقان بولسا)، ئۆلتۈرۈلمەيتتى»***

***دېدى. (ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر (ئۇرۇشقا چىقماسلىق ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ دەيدىغان دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئۆزۈڭلاردىن توسۇپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!»① [168]. ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ قارىمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنماقتىدۇر (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)② [169]. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن دائىم خۇرسەندۇر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ يوق ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولىدۇ③ [170].***

① بۇ ئايەت مۇناپىقلارنىڭ ﴿ئەگەر ئۇلار بىزگە بويسۇنغان بولسا (يەنى نەسىھەتىمىزنى ئاڭلاپ ئۇرۇشتىن قايتقان بولسا)، ئۆلتۈرۈلمەيتتى﴾ دېگەن سۆزىگە رەددىيەدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ئەگەر (بۇ دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئۆزۈڭلاردىن توسۇپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!﴾ دېمەك تەقدىردىن ھېچكىم قاچالمايدۇ. قەيەردە ۋە قايسى ھالەتتە ئۆلۈش تەقدىر قىلىنغان بولسا، شۇ يەردە، شۇنداق ئۆلمەي ئامال يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىشتىن قېچىش ھېچكىمنى ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.

② شېھىتلارنىڭ تىرىكلىكى ھەقىقىي تىرىكلىكمۇ ياكى مەجازىيمۇ؟ ھەقىقىي ئىكەنلىكى شەكسىز، ئەمما بۇنى دۇنيا ئەھلى ھېس قىلالمايدۇ. (سۈرە بەقەرە 154 ـ ئايەت بۇنى نۇقتىنى بايان قىلغان) ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ تىرىكلىكى قانداق بولىدۇ؟ بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، قەبرىلەردە جانلىرى ئۇلارغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇ يەردە ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىدۇ. يەنە بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار قەبرىلىرىدە جەننەتتىكى مېۋىلەرنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرىنى پۇراپ ياتىدۇ. بىر سەھىھ ھەدىستە ئۈچىنچى خىل ئەھۋال تىلغا ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ جانلىرى يېشىل بىر قۇشنىڭ پوكىنىدا بولىدۇ. قۇشنىڭ ئەرشنىڭ ئاستىغا ئېسىپ قويۇلغان قونداقلىرى بار. ئۇ جەننەتتە خالىغان يەرگە ئۈچۈپ بارىدۇ. ئۇنىڭ

نېمەتلىرىدىن يەپ-ئىچىپ ھۇزۇرلىنىدۇ.» (فەتھۇلقەدىر ۋە سەھىھ مۇسلىم 1887-ھەدىس)

③ يەنى ئۇلار دۇنيادا قالغان ياكى جىھاد قىلىۋاتقان مۇئمىنلەرنىڭ شېھىت بولۇپ، ئۆزلىرى بەھرىلىنىۋاتقان نېمەتلەرگە ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولغانلار جەننەت يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ ئاجايىپ شېرىن، تۇرىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: ‹كاشكى بىزنىڭ (دۇنيادا قالغان) قېرىنداشلىرىمىز ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە قىلغان مەرھەمىتىنى بىلسە ئىدى، جىھاد قىلىشنى تاشلىمايتتى ۋە ئۇرۇش قىلىشتىن قورقمايتتى› دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: «مەن ئۇلارغا (سىلەرنىڭ بۇ سۆزىڭلارنى) يەتكۈزىمەن» دەپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى.» (مۇسنەدى ئەھمەد 366-بەت، سۈنەنى تىرمىزى 3010-ھەدىس)

شېھىتلەرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن باشقا ھەدىسلەرمۇ بار:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شېھىتتىن باشقا ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ھەر قانداق بىر جان دۇنياغا قايتىش ئارزۇسىدا بولمايدۇ. پەقەت شېھىت بولغان ئادەم شېھىتلىكنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دۇنياغا قايتىپ (ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا) يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى خالايدۇ.» (مۇسنەدى ئەھمەد 3-توم، 126-بەت، سەھىھ مۇسلىم1887-ھەدىس)

ئەبۇبەكرى ئىبنى مەردەۋى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ: ‹ھەي جابىر! كۆڭلۈڭ سۇنۇقتەكلا كۆرۈنىسەنغۇ؟› دېدى. مەن: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! دادام شېھىت بولۇپ، زىممىسىدىكى قەرز ۋە بىر ئائىلە ماڭا قالدى› دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹مەن ساڭا (ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە سۆزلىمەكچى بولسا) ئۇنىڭغا پەقەت پەردە ئارقىسىدىن سۆزلىگەنلىكىنى، (ئەمما) سېنىڭ داداڭغا يۈز تۇرانە سۆزلىگەنلىكىدىن خەۋەر بېرەيمۇ› دەپ مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھ تائالا داداڭغا: سەن مەندىن بىر نەرسە تىلىگىن، مەن (تىلىگەن نەرسەڭنى) بېرەي، دېدى. (داداڭ): مەن سەندىن مېنىڭ دۇنياغا قايتۇرۇلۇپ، سېنىڭ يولۇڭدا ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى سورايمەن، دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا: مەن بۇرۇن ئۆلگەن كىشىلەر دۇنياغا قايتمايدۇ دەپ بەلگىلىۋەتكەن ئىدىم، دېدى. داداڭ: ئى

پەرۋەردىگارىم (ئۇنداق بولسا) سەن دۇنيادا ھايات قالغان كىشىلەرگە بۇ يەردىكى نېمەتلەرنى يەتكۈزۈپ قويغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى›.» (مۇسنەدى ئەھمەد 3-توم، 361-بەت، سۇنەنى تىرمىزى 3010-ھەدىس)

۞ يَسۡتَبۡشِرُونَ بِنِعۡمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضۡلٖ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٧١﴾ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَجَابُواْ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِ مِنۢ بَعۡدِ مَآ أَصَابَهُمُ ٱلۡقَرۡحُۚ لِلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ مِنۡهُمۡ وَٱتَّقَوۡاْ أَجۡرٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٢﴾

*ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزل-كەرەمدىن، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقىدىن خۇشال بولىدۇ① [171]. ئۇلار (ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىنمۇ، ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى، ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە تەقۋادار بولغانلار ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات بار② [172].*

① بۇ يەردىكى خۇشاللىق ئىلگىرىكىسىنى تەكىتلەپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى پەقەت غەم-قايغۇدىن خالاس بولغانلىق سەۋەبىدىنلا ئەمەس بەلكى يەنە ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن چەكسىز نېمەتلىرى ۋە پەزلى-مەرھەمىتى سەۋەبىدىنمۇ ئىدى. بەزى تەپسىرشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىلگىرىكى خۇشاللىق، دۇنيادىكى شېھىت بولماي تىرىك قالغان قېرىنداشلىرىغا ئاخىرەتتە قورقۇنچ يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكتىن بولسا، كېيىنكى خۇشاللىق، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن خاس ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتى سەۋەبىدىن ئىدى. (فەتھۇلقەدىر)

② مۇشرىكلار ئۇھۇد غازىتىدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا، بىز ناھايىتى مۇھىم بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمىز، مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىدە تۇرسا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىسلام كۆچىتىنى يەر يۈزىدىن (مەدىنىدىن) يوقىتىش ئۈچۈن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشىمىز لازىم ئىدى، دېگەن خىيالغا كەلدى. بۇ

تەرەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىپ كېلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ساھابىلەرنى مۇشرىكلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئەمر قىلدى. ساھابىلەر گەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ۋە يارىلانغان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن دىللىرى سۇنغان، غەمكىن ۋە چارچىغان ھالەتتە بولسىمۇ، دۈشمەننى قوغلاشقا ئاتلاندى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەدىنىدىن 8 مىل يىراقلىقتىكى «ھەمرائۇلئەسەد» دېگەن يەرگە كەلگەندە، مۇشرىكلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىلانىنى ئۆزگەرتتى، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماي مەككىگە قايتىپ كەتتى. ئۇلار چېكىنگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ساھابىلەر بىلەن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا بويسۇنۇشتا كۆرسەتكەن مەزكۇر سەمىمىيلىكى ۋە قىزغىنلىقى مەدھىيىلەندى.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى ئەبۇ سۇفياننىڭ (ئۇ چاغدا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى) كېلەر يىلى بەدرى سۇغرادا سىلەر بىلەن يەنە ئۇرۇشىمىز دېگەن تەھدىت سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ، شۇ چاغدا مۇسۇلمانلارمۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، جىھادقا تولۇق قاتنىشىشقا بەل باغلىغان ئىدى. (فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىردىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

ٱلَّذِينَ قَالَ لَهُمُ ٱلنَّاسُ إِنَّ ٱلنَّاسَ قَدۡ جَمَعُواْ لَكُمۡ فَٱخۡشَوۡهُمۡ
فَزَادَهُمۡ إِيمَٰنٗا وَقَالُواْ حَسۡبُنَا ٱللَّهُ وَنِعۡمَ ٱلۡوَكِيلُ ١٧٣ فَٱنقَلَبُواْ
بِنِعۡمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضۡلٖ لَّمۡ يَمۡسَسۡهُمۡ سُوٓءٞ وَٱتَّبَعُواْ رِضۡوَٰنَ ٱللَّهِۗ
وَٱللَّهُ ذُو فَضۡلٍ عَظِيمٍ ١٧٤

***ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، (مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېگەندە، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دېدى① [173]. (نەتىجىدە) ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى② بىلەن (بەدرى***

***سۇغرادىن) قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. ئاللاھ ئۇلۇغ پەزلى - كەرەم ئىگىسىدۇر [174].***

① «ھەمرائۇلئەسەد» دېگەن يەردە يەنە بىر رىۋايەتتە «بەدرى سۇغرا» بولغاندا ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەزى كىشىلەرگە پۇل بېرىپ، مەككە مۇشرىكلىرى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مۇكەممەل تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ دېگەن يالغان خەۋەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا تارقاتقۇزغان ئىدى. بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن شەيتان بۇ سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارقىلىق تارقاتقانىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار بۇنداق قۇرۇق گەپلەردىن قورقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىرادىسى ۋە قىزغىنلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. بۇ نۇقتا ئايەتتە ﴿بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى﴾ دەپ ئىپادىلەندى، چۈنكى ئىمان قانچىكى كۈچلۈك بولسا، جىھادقا بولغان قىزغىنلىقمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىماننىڭ كەم-زىيادىلىكىنى قوبۇل قىلمايدىغان قاتمال نەرسە ئەمەس، بەلكى كەم-زىيادە، ئاجىز-كۈچلۈك بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن يەنە مەلۇم بولدىكى، مۆئمىنلەر ھەرۋاقىت كۈلپەت ۋە سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ. چۈنكى ھەدىسلەردە ﴿حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيْلُ﴾ دېگەن دۇئانى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان. سەھىھۇل بۇخارى ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتقا تاشلانغان چاغدا مەزكۇر دۇئانى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ يەردىكى «ئاللاھنىڭ نېمىتى» دېگەندە خاتىرجەملىك، «پەزلى» دېگەندە بەدرى سۇغرادا تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەيھەقى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ ساق - سالامەت قالغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمىتى ئىدى. (بۇ ھەج مەۋسۇمى ئىدى) ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىر كارۋان ئۆتۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كارۋاننىڭ ماللىرىنى سېتىۋېلىپ، ساتقانىدى، ئۇنىڭدىن كۆپ پايدا ئالدى. ئاندىن ئۇنى (پايدىنى) ساھابىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان پەزلى ئىدى.» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

إِنَّمَا ذَٰلِكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ يُخَوِّفُ أَوۡلِيَآءَهُۥ فَلَا تَخَافُوهُمۡ وَخَافُونِ إِن
كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٧٥﴾ وَلَا يَحۡزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡكُفۡرِۚ إِنَّهُمۡ
لَن يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۗ يُرِيدُ ٱللَّهُ أَلَّا يَجۡعَلَ لَهُمۡ حَظّٗا فِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ
وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلۡكُفۡرَ بِٱلۡإِيمَٰنِ لَن
يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٧٧﴾ وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ
أَنَّمَا نُمۡلِي لَهُمۡ خَيۡرٞ لِّأَنفُسِهِمۡۚ إِنَّمَا نُمۡلِي لَهُمۡ لِيَزۡدَادُوٓاْ إِثۡمٗاۖ
وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿١٧٨﴾

***پەقەت ئاشۇ (خەۋەرنى ئېلىپ كەلگۈچى) شەيتان سىلەرنى ئۆز دوستلىرى (بولغان كاپىرلار)دىن قورقۇتىدۇ① . ئەگەر (ھەقىقىي) مۆئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار② [175]. (ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتقانلار (يەنى سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن كۇفرىغا شاپاشلايدىغان مۇناپىقلار) سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، شەكسىزكى، ئۇلار (كۇفرى بىلەن) ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ئاخىرەتتە ئۇلارغا (ساۋابتىن) ھېچبىر نېسىۋە بەرمەسلىكنى خالايدۇ③ . ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار [176]. ئىماننى كۇفرىغا تېگىشكەنلەر (يەنى مەزكۇر مۇناپىقلار) (كۇفرى بىلەن) ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار [177]. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلارغا پەقەت گۇناھلىرىنى كۆپەيتىشى ئۈچۈنلا مۆھلەت بېرىمىز (يەنى ئەجىلىنى كېچىكتۈرىمىز)④ . ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازاب بار [178].***

① يەنى شەيتان سىلەرگە كاپىرلارنى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك كۆرسىتىپ، ۋەھىمىگە سالىدۇ، ۋەسۋەسە قىلىدۇ.

② يەنى ئەگەر ئۇ سىلەرنى شۇنداق ۋەھىمىگە سالسا، پەقەت ماڭىلا تەۋەككۇل قىلىڭلار ۋە مەن تەرەپكە قايتىڭلار، مەن سىلەرگە كۇپايە

قىلىمەن، سىلەرگە ياردەم قىلىمەن. يەنە بىر ئايەتتە ﴿ئاللاھ بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟﴾ (سۈرە زۇمەر 36-ئايەت) دەپ كەلگەن. يەنە بىر ئايەتتە ﴿ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): ‹مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز› دەپ يازدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾ دېيىلگەن. (سۈرە مۇجادەلە 21-ئايەت)

③ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، شۇ ۋەجىدىن كىشىلەرنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلىشى ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى. بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن دېيىلىۋاتىدۇكى، سەن غەم قىلمىغىن، ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرىتىنى ۋەيران قىلىدۇ.

④ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۆھلەت بېرىش قانۇنى بايان قىلىنىدى. يەنى ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارغا مۆھلەت بېرىدۇ، ۋاقتىنچە ئۇلارغا دۇنيادا راھەت-پاراغەت، خۇرسەنلىك، غەلىبە، مال-مۈلۈك ۋە پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ ھېكمەتنى چۈشەنمىگەن كىشىلەر بۇنى ئۇلارغا بېرىلگەن ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى دەپ ئويلايدۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ نېمىتىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار ياخشى ئەمەل ۋە ئاللاھقا بويسۇنۇش يولىنى تۇتمىسا، بۇ دۇنيالىق نېمەتلەر ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ئەمەس، بەلكى مۆھلىتى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ نېمەتلەر بىلەن ئۇلار كۇفرىلىق ۋە پاسىقلىقتا ھەددىدىن ئاشىدۇ، ئاخىرى جەھەننەمدىكى مەڭگۈلۈك ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەزمۇننى ئاللاھ تائالا بىر نەچچە سۈرىدە بايان قىلغان. مەسىلەن: ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال-مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾. (سۈرە مۇئمىنۇن 55-، 56-ئايەتلەر)

مَّا كَانَ ٱللَّهُ لِيَذَرَ ٱلْمُؤْمِنِينَ عَلَىٰ مَآ أَنتُمْ عَلَيْهِ حَتَّىٰ يَمِيزَ ٱلْخَبِيثَ مِنَ ٱلطَّيِّبِ ۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُطْلِعَكُمْ عَلَى ٱلْغَيْبِ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَجْتَبِى مِن رُّسُلِهِۦ مَن يَشَآءُ ۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ ۚ وَإِن تُؤْمِنُواْ

وَتَتَّقُواْ فَلَكُمْ أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٩﴾

***ئاللاھ ناپاكنى پاكتىن (يەنى ياماننى ياخشىدىن) ئايرىماي تۇرۇپ، سىلەر مۆئمىنلەرنى ھەرگىزمۇ ھازىرقى ھالىتىڭلارچە تاشلاپ قويمايدۇ①. ئاللاھ سىلەرنى غەيبتىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ② ۋە لېكىن ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللايدۇ، (ئاندىن ئۇنىڭغا بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرىدۇ)③. شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋالىق قىلساڭلار، سىلەرگە كاتتا ئەجىر بار [179].***

① شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا دوستىنىڭ ئېنىق ۋە دۈشمەنىنىڭ خار بولۇشى ئۈچۈن ھەمدە چىداملىق مۆئمىننى مۇناپىقتىن ئايرىش ئۈچۈن، بەندىلىرىنى تۈرلۈك سىناق ئۆتكەللىرىدىن چوقۇم ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئۇھۇد غازىتىدا مۆئمىنلەرنى سىنىدى، بۇ سىناق بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمانى، چىدامچانلىقى، جەڭ مەيدانىدىكى ساباتلىقى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىتائەتچانلىقى ئاشكارا بولدى ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى ئېچىلدى.

② يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالا تۈرلۈك سىناقلار ئارقىلىق مۆئمىن بىلەن مۇناپىقنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ، كىشىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قىياپىتىنى ئېچىپ بەرمىگەن بولسا، سىلەر غەيبنى بىلمىگەنلىكتىن، كىمنىڭ مۇخلىس مۆئمىن، كىمنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن بولاتتىڭلار.

③ ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆز ئەلچىلىرىدىن كىمنى خالىسا، ئۇنىڭغا بىر قىسىم غەيبنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى چاغلاردا ئۇلارغا كىمنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكى، مۇناپىقلارنىڭ سىرلىرى ۋە ھىيلە-مىكىرلىرى ئاشكارا بولىدۇ. دېمەك بۇ غەيبمۇ بەزى چاغلاردا بەزى پەيغەمبەرلەرگىلا بىلدۈرۈلىدۇ. ئومۇمەن، پەيغەمبەرمۇ (ئەگەر ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىمىسا) مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ھىيلە-نەيرەڭلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ. مەسىلەن: سۈرە تەۋبەنىڭ 101-ئايىتىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار

بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز﴾.

بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى، بىز غەيبنى پەقەت ئۆز ئەلچىلىرىمىزگىلا بىلدۈرىمىز، دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنى ۋەھيي ۋە غەيب ئىشلار ئارقىلىق ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ مەزمۇن يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت ئاللاھ ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرىدۇ)﴾. (سۈرە جىن 26-ۋە 27-ئايەتلەر) ھەقىقەتتە بۇ يەردىكى غەيبمۇ پەقەت پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ئالاقىدار غەيبىي ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، پەيغەمبەرلەر " مَاكَانَ وَمَا يَكُوْنُ " «ئىلگىرى بولغان ۋە بۇندىن كېيىن قىيامەتكە قەدەر بولىدىغان ھەممە ئىشلارنى» بىلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بىر قىسىم باتىل ئەقىدىدىكىلەر بۇ تۈردىكى غەيب ئىلمىنى پەيغەمبەرلەرمۇ ۋە يەنە ئۆزلىرىنىڭ «مەسۇم خوجىلىرى»مۇ بىلىدۇ دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ يَبۡخَلُونَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ هُوَ
خَيۡرٗا لَّهُمۖ بَلۡ هُوَ شَرّٞ لَّهُمۡۖ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِۦ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ
وَلِلَّهِ مِيرَٰثُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿١٨٠﴾ لَّقَدۡ
سَمِعَ ٱللَّهُ قَوۡلَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ فَقِيرٞ وَنَحۡنُ أَغۡنِيَآءُۘ سَنَكۡتُبُ
مَا قَالُواْ وَقَتۡلَهُمُ ٱلۡأَنۢبِيَآءَ بِغَيۡرِ حَقّٖ وَنَقُولُ ذُوقُواْ عَذَابَ
ٱلۡحَرِيقِ ﴿١٨١﴾ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيكُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيۡسَ بِظَلَّٰمٖ
لِّلۡعَبِيدِ ﴿١٨٢﴾

*ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل - مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىمىسۇن، ئەكسىچە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق*

*قىلىپ سېلىنىدۇ①. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ). ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [180]. «شەكسىزكى، ئاللاھ بولسا پېقىر، بىز بولساق باي» دېگەن كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار)نىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى②، ئۇلارنىڭ (بارلىق) سۆزلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىنى خاتىرىلەپ قويىمىز③ (يەنى نامە ـ ئەمالىغا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە بۇنى ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا يېزىشنى بۇيرۇيمىز) ھەمدە ئۇلارغا: «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار» دەيمىز [181]. مانا بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىدۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەستۇر [182].*

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ بەرگەن ئىقتىسادنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمايدىغان، ھەتتا پەرز زاكاتنىمۇ بەرمەيدىغان بېخىلنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە مال ـ مۈلۈك بەرسە، ئاندىن ئۇ مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، ئۇ مال (زەھىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن) بېشىنىڭ تېرىسى چۈشۈپ كەتكەن، كۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىككى دانە قارا چېكىت بار چوڭ بىر يىلاننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ (يىلان) مال ئىگىسىنىڭ گېلىغا چەمبەر شەكلىدە يۆگىشىپ ئۇنى بوغۇپ، ئىككى ئۈتكۈر چىشى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ، مەن سېنىڭ مال ـ مۈلۈكۈڭ، مەن سېنىڭ بايلىقىڭ، دەيدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى، 4565 ـ ھەدىس)

② سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ كىمكى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن) ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ﴾. (سۈرە بەقەرە 245 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، يەھۇدىيلار: ‹ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بەندىلىرىدىن قەرز سورىغۇدەك پېقىر بولۇپ قالدىمۇ؟› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئېيتقان ئەدەبسىز سۆزى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ (ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ) پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى قاتارلىق بارلىق جىنايەتلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ قىلمىشلىرى تۈپەيلى ئۇلار دوزاختا قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ عَهِدَ إِلَيۡنَآ أَلَّا نُؤۡمِنَ لِرَسُولٍ حَتَّىٰ يَأۡتِيَنَا
بِقُرۡبَانٖ تَأۡكُلُهُ ٱلنَّارُۗ قُلۡ قَدۡ جَآءَكُمۡ رُسُلٞ مِّن قَبۡلِي بِٱلۡبَيِّنَٰتِ
وَبِٱلَّذِي قُلۡتُمۡ فَلِمَ قَتَلۡتُمُوهُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ١٨٣ فَإِن كَذَّبُوكَ
فَقَدۡ كُذِّبَ رُسُلٞ مِّن قَبۡلِكَ جَآءُو بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِ وَٱلۡكِتَٰبِ
ٱلۡمُنِيرِ ١٨٤ كُلُّ نَفۡسٖ ذَآئِقَةُ ٱلۡمَوۡتِۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوۡنَ أُجُورَكُمۡ يَوۡمَ
ٱلۡقِيَٰمَةِۖ فَمَن زُحۡزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدۡخِلَ ٱلۡجَنَّةَ فَقَدۡ فَازَۗ وَمَا
ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلۡغُرُورِ ١٨٥

*ئۇلار: «(تەۋراتتا) ئاللاھ بىزنى ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر (قۇربانلىق قىلىپ)، قىلغان قۇربانلىقنى (ئۇنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ) بىر ئوت كېلىپ كۆيدۈرۈۋەتمىگۈچە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمەسلىككە بۇيرۇغان» دېگەن كىشىلەردۇر. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەندىن ئىلگىرى سىلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ۋە سىلەر ئېيتقان مۆجىزىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر سىلەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۇلارنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭلار؟»① [183] (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارغان بولسا (قايغۇرۇپ كەتمىگىن، چۈنكى) سەندىن ئىلگىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى، سەھىپىلەرنى (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرگە ئوخشاش ساماۋى سەھىپىلەرنى) ۋە (تەۋرات، ئىنجىلغا ئوخشاش) نۇرلۇق كىتابنى ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانغا چىقىرىلغان ئىدى② [184]. ھەر بىرجان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار (يەنى*

***ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلسە، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا ھاياتى پەقەت ئالدايدىغان مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنە بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)③ .[185]***

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە يەھۇدىلارنىڭ يەنە بىر دەۋاسىنىڭ يالغانلىقىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار: ئاللاھ تائالا بىزدىن ئەھدە ئېلىپ، سىلەر دۇئاسى بىلەن ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ سەدىقە ۋە قۇربانلىقلارنى كۆيدۈرىۋېتىدىغان پەيغەمبەرگىلا ئىشىنىڭلار دەپ بۇيرۇغان، دەپ دەۋا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ئى مۇھەممەد! سەن ئۇنداق مۆجىزە ئېلىپ كېلەلمىدىڭ، شۇڭا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە ئىمان كەلتۈرۈش بىزگە زۆرۈر ئەمەس. ھالبۇكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە شۇنداق پەيغەمبەرمۇ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاسماندىن ئوت چۈشەتتى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قىلغان سەدىقە ۋە قۇربانلىقلىرىنى كۆيدۈرەتتى. بۇ ئوتنىڭ سەدىقىنى كۆيدۈرگەنلىكى بىرىنچىدىن، قىلىنغان سەدىقە ۋە قۇربانلىقلارنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولاتتى. ئىككىنچىدىن، شۇ پەيغەمبەرنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل بولاتتى.

لېكىن يەھۇدىيلار شۇ ئەلچىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىمۇ يالغانچى دېگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەندىن ئىلگىرى سىلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ۋە سىلەر ئېيتقان مۆجىزىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر سىلەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۇلارنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭلار؟»﴾ دېدى.

② بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ سېنى يالغانچى دېگەنلىكى سېنى بىئارام قىلمىسۇن. چۈنكى، بۇنداق مۇئامىلە ساڭىلا قىلىنغان ئەمەس، بەلكى سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىنغان ئىدى.

③ بۇ ئايەتتە بىر نەچچە مۇقەررەر ھەقىقەتلەر بايان قىلىندى:

بىرىنچى، ئۆلۈمدىن ھېچكىم قاچالمايدۇ. ئىككىنچى، كىمكى دۇنيادا ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن نېمە ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى ئاخىرەتتە تولۇق بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆلچىمى بايان قىلىنىدى، كىمكى دۇنيادا رەببىنى رازى قىلىۋالغان بولسا، نەتىجىدە جەھەننەمدىن ئازات بولۇپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن بولسا، ئۇ ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ. تۆتىنچى، دۇنيا ھاياتى ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولىدىغان، ئاندىن تۈگەيدىغان ئالدامچى نەرسىدۇر، كىمكى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزسا، بەختلىك بولغان ۋە مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ، كىمكى ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتسە، بەختسىز بولغان ۋە مۇرادىغا يېتەلمىگەن بولىدۇ.

۞ لَتُبۡلَوُنَّ فِيٓ أَمۡوَٰلِكُمۡ وَأَنفُسِكُمۡ وَلَتَسۡمَعُنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُوٓاْ أَذٗى كَثِيرٗاۚ وَإِن تَصۡبِرُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ذَٰلِكَ مِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ ١٨٦

***سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىشى بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن ۋە مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر①، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا گۇناھتىن) ساقلانساڭلار، مانا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر② [186].***

① بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ دەرىجىسىگە قارىتا سىنىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدى. بۇ مەزمۇن سۈرە بەقەرەنىڭ 155-ئايىتىدە تەپسىلىي تىلغا ئېلىنىدى. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە مۇناسىۋەتلىك سەھىھۇل بۇخارىدا مۇنداق بىر ۋەقەمۇ بار. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

بەدرى غازىتى بولۇشتىن ئىلگىرىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېشەككە مىنىپ، ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتىنىڭ

مەھەللىسىگە سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ماڭىدى. يولدا مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان بىر توپ كىشىلەر ئولتۇرغان سورۇندىن ئۆتۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيمۇ بار بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆزىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنگەن ئۇلاغنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ - توزانغا قارىتا تەنە ئارىلاش نارازىلىق بىلدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ، ئۇلارنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يامان سۆزلەر بىلەن ئازار بەردى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ ئەكسىچە شۇ يەردە ئولتۇرغان مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن سورۇن ئەھلى ئارىسىدا دەتالاش باشلىنىپ كەتتى، ھەتتا ئۇلار ئۇرۇشۇپ كەتكىلى تاس قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەممىنى تىنچلاندۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇنى كەچۈرىۋەتكىن، سەن مەدىنىگە كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا تاج كىيگۈزۈپ، سەردار قىلماقچى بولغان ئىدى، سەن كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سەردار بولۇش چۈشى ئەمەلگە ئاشمىدى، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئەتەي شۇنداق تەتۈرلۈك ۋە تەرسالىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان بۇ سۆزلىرىمۇ شۇ ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4566-ھەدىستىن قىسقارتىلما)

② «كىتاب بېرىلگەنلەر» دېگەندە يەھۇدىي ۋە ناسارالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەر خىل ئۇسۇلدا تەنە ۋە تىل-ئاھانەت قىلىپ تۇراتتى، ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن مۇناپىقلار، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ھەر خىل كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنى قىلىپ تۇراتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ سەردار بولۇش چۈشى ئەمەلگە ئاشمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن پۇرسەت

تاپسىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تىل-ئاھانەت سۆزلىرىنى ياغدۇراتتى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەپۇچانلىق، سەۋرچانلىق ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئىش قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىدىغانلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقۇپ تۇرۇشى ھەق يولنىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرىدىندۇر. بۇنىڭ چارىسى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سەۋر قىلىش، ئاللاھتىن ياردەم سوراش ۋە ئاللاھقىلا يالۋۇرۇشتىن ئىبارەت. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا
تَكۡتُمُونَهُۥ فَنَبَذُوهُ وَرَآءَ ظُهُورِهِمۡ وَٱشۡتَرَوۡاْ بِهِۦ ثَمَنٗا قَلِيلٗاۖ
فَبِئۡسَ مَا يَشۡتَرُونَ ١٨٧ لَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ يَفۡرَحُونَ بِمَآ أَتَواْ
وَّيُحِبُّونَ أَن يُحۡمَدُواْ بِمَا لَمۡ يَفۡعَلُواْ فَلَا تَحۡسَبَنَّهُم بِمَفَازَةٖ مِّنَ
ٱلۡعَذَابِۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ١٨٨ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ١٨٩ إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ
ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ١٩٠

***ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن: «كىتابنى (يەنى كىتابتىكى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە ئۇنى يوشۇرمايسىلەر!» دەپ كەسكىن ئەھدە ئالغان ئىدى، لېكىن ئۇلار بۇ ئەھدىنى ئارقىلىرىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنە پۇلغا (يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىگە) سېتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ سېتىۋالغىنى نېمىدېگەن يامان!① [187] (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز قىلمىشىدىن (يەنى ھەقنى يوشۇرغانلىقىدىن) خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ، دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلار قاتتىق ئازاب بار② [188]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [189]. شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا،***

***كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، (ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار③ [190].***

① بۇ ئايەتتە كىتاب بېرىلگەنلەر ئەيىبلىنىۋاتىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن، ئاللاھنىڭ كىتابى (تەۋرات ۋە ئىنجىل)دىكى ئەھكاملارنى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى كىشىلەرگە ئوچۇق بايان قىلىشلار ۋە ئۇلارنى يوشۇرماسلار، دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى. لېكىن ئۇلار ئازغىنە دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئاللاھنىڭ ئەھدىنى ئارقىلىرىغا چۆرۈۋەتتى.

بۇ ئايەت يەنە ئىلىم ئەھلىگە ساۋاق ھەم ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەمەللىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان پايدىلىق ئىلىمنى كىشىلەرگە چوقۇم يەتكۈزۈشى لازىم. دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۇ ئىلىمنى يوشۇرۇش چوڭ گۇناھتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىلىدىغان بىر نەرسىدىن سوئال سورالسا، ئاندىن ئۇنى يوشۇرسا، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ.» (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 3658-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 2649-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 2/305)

② بۇ ئايەتتە پەقەت ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا خۇرسەن بولغانلىقى بىلەن بولدى قىلماستىن، قىلىپ باقمىغان ئىشلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ نامىغا يېزىلىشىنى ياقتۇرىدىغان كىشىلەرگە قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. بۇ خىل كېسەللىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكى بەزى كىشىلەردە بار بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئايەت چۈشكەن ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ كېسەللىك بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر قىسىم مەنسەپپەرەس ئادەملەردە يەنە يالغان ۋەدىلەر بىلەن باشلىق بولغان رەھبەرلەردە كەڭ تېپىلىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن. ئايەتنىڭ سىياقىدىن يەنە مەلۇم بولىدۇكى، يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆزگەرتكەن ۋە ھەقنى يوشۇرغان گۇناھكار ئادەملەر ئىدى، شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىدىن خۇشال بولاتتى. مانا بۇ بۈگۈنكى پاسىسىپ بۇزغۇنچى گۇرۇھلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ، ئۇلارمۇ كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ خاتا يولغا باشلايدۇ، ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەنلىكىگە خۇشال بولىدۇ، ھەمدە

ئۆزلىرىنى ھەقنىڭ ئۈستىدە دەپ دەۋا قىلىدۇ، يەنە تېخى شۇ ساختىلىقلىرىغا ئاساسەن ماختىلىشنى خالايدۇ. ﴿ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ!﴾. (سۈرە مۇنافىقۇن 4-ئايەت)

③ يەنى ئاسمان - زېمىننىڭ يارىتىلىشى، كائىناتنىڭ سىرى ۋە ئالامەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن كىشىلەر كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، پادىشاھى ۋە باشقۇرغۇچىسىنى تونۇيدۇ. ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى چەكسىز بولغان كائىناتنىڭ قىلچە خاتالىقسىز بىر خىل نىزام بىلەن ئىدارە قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەينىدە بىر تەدبىرلىك باشقۇرغۇچىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇ باشقۇرغۇچىنىڭ بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئەنە شۇلار «ئەقىل ئىگىلىرى» دۇر. ئۇلارنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇلار ئولتۇرغان، تۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىدىمۇ ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى بولغاندا تەھەججۇد ئۈچۈن (قوپۇپ) ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، (ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلاپ سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇيتتى، ئاندىن قوپۇپ تاھارەت ئالاتتى.» (سەھىھۇل بۇخارى 4569-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 763-ھەدىس)

ٱلَّذِينَ يَذْكُرُونَ ٱللَّهَ قِيَٰمًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِى خَلْقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَٰذَا بَٰطِلًا سُبْحَٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٩١﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ مَن تُدْخِلِ ٱلنَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُۥ ۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ ﴿١٩٢﴾

***ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ (ۋە مۇنداق دەيدۇ:) «ئى رەببىمىز! سەن بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، (ھېكمەتسىز ئىش قىلىشتىن) ئەلۋەتتە***

***پاكتۇرسەن! بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن① [191]. ئى رەببىمىز! سەن كىمنى دوزاخقا كىرگۈزسەڭ، ئۇنى ئەلۋەتتە رەسۋا قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ [192].***

① بۇ ئۇن ئايەتتىن ئىلگىرىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتىنىڭ بىر نەچچە ئالامەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن روشەن دەلىللەر بارلىقىنى بايان قىلدى. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بۇ ئاجايىپ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئاللاھنى تونىمىغان كىشىلەر ئەقىل ئىگىلىرى ئەمەستۇر. ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەپسۇسلىنارلىق خاتا كۆز قاراش شۇكى، كىشىلەر ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىغا شەك قىلىدىغان ئادەملەرنى «ئەقىل ئىگىلىرى» دەپ قارايدۇ. بۇ مۇسىبەتكە ﴿إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّآ إِلَيْهِ رٰجِعُونَ﴾ دېمەي چارىمىز يوق. ئىككىنچى ئايەتتە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدىغانلىقى ۋە ھەر ھالەتتە ئاللاھنى ياد ئېتىش قىزغىنلىقى بايان قىلىندى. خۇددى ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىن، ئەگەر ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالمىساڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ يېنىچىلاپ يېتىپ ئوقۇغىن» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 1117-ھەدىس) ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھ تائالانى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ تۇرىدۇ ۋە ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى ئالامەتلەردىن ياراتقۇچىنىڭ كاتتىلىقىنى، قۇدرىتىنى، بىلىمىنى، ھېكمىتىنى، تاللىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە چۈشەنگەن چاغدا ئىختىيارسىز دۇئا قىلىپ دەيدۇكى، رەببىمىز بۇ كائىناتنى مەقسەتسىز ياراتمىدى، بەلكى بىر مەقسەت ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ مەقسەت بەندىلەرنى سىناشتۇر، كىمكى سىناقتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتەلىسە، مەڭگۈلۈك نېمەت ماكانى جەننەتكە كىرىدۇ؛ كىمكى سىناقتىن ئۆتەلمىسە، دوزاخقا كىرىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئەقىل ئىگىلىرى يەنە دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئايەتتىمۇ ئۇلارنىڭ مەغپىرەت تىلەيدىغانلىقى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى رەسۋاچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

رَبَّنَآ إِنَّنَا سَمِعۡنَا مُنَادِيٗا يُنَادِي لِلۡإِيمَٰنِ أَنۡ ءَامِنُواْ بِرَبِّكُمۡ فَـَٔامَنَّاۚ
رَبَّنَا فَٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرۡ عَنَّا سَيِّـَٔاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ ٱلۡأَبۡرَارِ ١٩٣
رَبَّنَا وَءَاتِنَا مَا وَعَدتَّنَا عَلَىٰ رُسُلِكَ وَلَا تُخۡزِنَا يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ إِنَّكَ
لَا تُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ١٩٤ فَٱسۡتَجَابَ لَهُمۡ رَبُّهُمۡ أَنِّي لَآ أُضِيعُ عَمَلَ
عَٰمِلٖ مِّنكُم مِّن ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰۖ بَعۡضُكُم مِّنۢ بَعۡضٖۖ فَٱلَّذِينَ
هَاجَرُواْ وَأُخۡرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِمۡ وَأُوذُواْ فِي سَبِيلِي وَقَٰتَلُواْ وَقُتِلُواْ
لَأُكَفِّرَنَّ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَلَأُدۡخِلَنَّهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا
ٱلۡأَنۡهَٰرُ ثَوَابٗا مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسۡنُ ٱلثَّوَابِ ١٩٥

ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىمان ئېيتتۇق، ئى رەببىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن [193].
ئى رەببىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن» [194]. رەببى ئۇلار(نىڭ دۇئالىرى)نى ئىجابەت قىلدى① (ۋە مۇنداق دېدى): «شەكسىزكى، مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن②، سىلەر (دىنىي قېرىنداشلىقتا ۋە ئېرىشىدىغان ساۋابتا) ھەممىڭلار باراۋەرسىلەر③. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ يولۇمدا ھىجرەت قىلغان، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، ئەزىيەت چەككەن، جىھاد قىلغان ۋە شېھىت قىلىنغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرەتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن.» بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. ئەڭ ياخشى مۇكاپات پەقەت ئاللاھنىڭ

دەرگاھىدىدۇر *[195]*.

① ﴿فَاسْتَجَابَ﴾ بۇ يەردە " أجاب " «ئىجابەت قىلدى» دېگەن مەنىدە. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ يەردە «ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇشنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، ئىسلامدا بەزى ئەھكاملاردا ئەر بىلەن ئايالنىڭ تەبىئىي ۋە جىسمانىي پەرقلىرى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ئائىلە باشقۇرۇش، ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش، پۇل تېپىپ ئائىلىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، جىھادقا قاتنىشىش يەنە مىراستا ئاياللارغا يېرىم ھەسسە بېرىلىشى قاتارلىقلار. يەنە بىر سەۋەبى ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىمۇ ئاياللارغا پەرقلىق بېرىلەمدىغاندۇ دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. توغرىسى شۇكى، بىر ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابى بىر ئەرگە قانچىلىك بېرىلگەن بولسا، شۇ ياخشى ئەمەلنى قىلغان ئايالغىمۇ شۇنچىلىك بېرىلىدۇ.

③ بۇ قىستۇرما جۈملە بولۇپ، ئالدىنقى نۇقتىنى ئوچۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى ئىتائەت ۋە ئەجىر-ساۋابتا سىلەر ئەر-ئاياللار باراۋەر. يەنى ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىسىلەر، دېمەكتۇر. تىرمىزىدىكى بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ تائالانىڭ ھىجرەت ھەققىدىكى ئايەتلەردە بىز ئاياللارنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.» (تەپسىر تەبەرى، تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

لَا يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي ٱلْبِلَـٰدِ ﴿١٩٦﴾ مَتَـٰعٌ قَلِيلٌ ثُمَّ
مَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿١٩٧﴾ لَـٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْاْ رَبَّهُمْ لَهُمْ
جَنَّـٰتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا نُزُلًا مِّنْ عِندِ
ٱللَّهِ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيْرٌ لِّلْأَبْرَارِ ﴿١٩٨﴾

*كاپىرلارنىڭ (پۇل - مال، ئابرۇي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن① .[196] بۇ ئازغىنە بەھرىمەن بولۇشتۇر②، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [197] ئەمما رەببىگە تەقۋادارلىق قىلغانلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنە راھەتتىن) تولىمۇ ياخشىدۇر③ [198].*

① بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامغا خىتاب قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا بۇ خىتاب ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈممىتىگە قارىتىلغان. «شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈش» دېگەندە تىجارەت ۋە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ تىجارەت ئۈچۈن قىلىنغان سەپەر مال-دۇنيانىڭ كۆپىيىشى ۋە تىجارەتنىڭ روناق تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مال-دۇنيانىڭ ۋاقىتنچە پايدىلىنىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى، مۆئمىنلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئالدانماسلىقى كېرەكلىكىنى بايان قىلدى. دېمەك مال-دۇنياغا قۇل بولۇپ كەتكەن ۋە ئىمانى بولمىغان كاپىرلار چۈشىدىغان مەڭگۈلۈك ئازابقا لايىق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن مۆئمىنلەر ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقنى ئاساسلىق نىشان قىلىشى كېرەك.

بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە سۈرىدە بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى (يەنى قۇرئان) توغرىسىدا پەقەت كاپىرلارلا مۇجادىلە قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن﴾. (سۈرە غافىر 4-ئايەت)،] ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنە ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾. (سۈرە يۇنۇس 69-، 70-ئايەتلەر)، ﴿ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنە (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا)

مەجبۇرلايمىز﴾. (سۈرە لوقمان 24-ئايەت).

② يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، ئاسايىش ۋە ئاسانچىلىقلار قارىماققا ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ئاز ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئاخىرى تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ. ئۇ نەرسىلەر يوقىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ نەرسىلەرنى تېپىش يولىدا ئەخلاق دائىرىسىدىن چىققان، ئاللاھنى نارازى قىلغان ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلمىغان كىشىلەر ئۆزى يوقىلىدۇ.

③ ئۇلارنىڭ ئەكسىچە تەقۋادارلىق بىلەن ئاللاھتىن قورقۇپ ياشىغان كىشىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ھازىر بولىدۇ. ئۇلار دۇنيادا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۈزكورلۇق قىلغانلاردەك باياشات تۇرمۇش كەچۈرمىگەن، كۆپ مال-مۈلۈك تاپمىغان بولسىمۇ، كائىناتنىڭ پادىشاھى ۋە ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ مېھماندارچىلىقىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ ياخشى بەندىلەر ئېرىشكەن ئەجىر-ساۋاب ۋە نېمەتلەر كاپىرلار دۇنيادا ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولغان نەرسىلەردىن نەچچە مىڭ ھەسسە ياخشى بولىدۇ.

وَإِنَّ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ لَمَن يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْكُمْ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِمْ خَـٰشِعِينَ لِلَّهِ لَا يَشْتَرُونَ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنًا قَلِيلًا ۗ أُو۟لَـٰٓئِكَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿١٩٩﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱصْبِرُوا۟ وَصَابِرُوا۟ وَرَابِطُوا۟ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٢٠٠﴾

*ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلارمۇ بار. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنە پۇلغا سېتىۋەتمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، راھىبلارغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىنى دەپ ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ)①، ئەنە شۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپات*

***بار. ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر [199]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! (تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلىڭلار، (دۈشمەنلەرگە قارشى) زىيادە چىداملىق بولۇڭلار②، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار) [200].***

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئەھلى كىتاب ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىمانىي سۈپەتلىرىنى بايان قىلدى، ئۇلارنى باشقا ئەھلى كىتابلاردىن ئايرىپ ئالاھىدە تىلغا ئالدى، باشقىلارنىڭ قىلمىشلىرى بولسا ئىسلامغا، ئىسلام پەيغەمبىرىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىش، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىنى دەپ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، ئىلمنى ۋە ھەقىقەتنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ بىر تۈركۈم مۆئمىن بولغانلارنىڭ باشقا ئەھلى كىتابلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنە مال-دۇنياغا ساتىدىغانلاردىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى. بۇنىڭدىن دۇنيا مەنپەئەتنى دەپ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ياكى مەنىلىرىنى بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىپ چۈشەندۈرىدىغان ئۆلىمالارنىڭ ئىمان ۋە تەقۋادارلىقتىن مەھرۇم قالغانلار ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ھاپىز ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىكى ئەھلى كىتابتىن ئىمان ئېيتقانلار ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ سانى ئون كىشىگىمۇ بارمايدۇ. ئەمما خرىستىئانلارنىڭ ئىچىدىن مۇسۇلمان بولغان ۋە ھەق دىنغا ئەگەشكەنلەر ناھايىتى كۆپتۇر.» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② «سەۋر قىلىڭلار» يەنى ئىتائەت يولىنى تۇتۇشتا، شەھۋەتلەرنى تەرك ئېتىشتە، نەپسىڭلارنى كونترول قىلىشتا ۋە ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار. ﴿صَابِرُوا﴾ ئۇرۇشنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرى ۋە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار! دېگەن مەنىدە. بۇ سەۋر ۋە چىدامچانلىقنىڭ ئەڭ ئېغىر بىر شەكلى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم تىلغا ئېلىنىدى. ﴿رَابِطُوا﴾ جەڭ مەيدانلىرىدا ياكى ئالدىنقى سەپلەردە مۇداپىئەدە تۇرۇش، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن

كېچە ـ كۈندۈز تەييار تۇرۇش، چېگرالارنى قوغداش دېگەن مەنىدە. بۇ ئىرادىلىك ۋە باتۇر كىشىلەر بەل باغلاپ قىلىدىغان ئىشلاردىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىر كۈن تەييار بولۇپ تۇرۇش (يەنى مۇداپىئەدە تۇرۇش، چېگرانى قوغداش)، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى 2892ـ ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە قىيىنچىلىق بولغان ھالەتتىمۇ چىدامچان بولۇشنىڭ تەييار بولۇپ تۇرغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان: «مەن سىلەرگە خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدىغان ۋە مەرتىۋىلەرنى كۆتۈرىدىغان بىر ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟ (سۇ سوغۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش) قىيىنچىلىق بولغاندىمۇ تاھارەتنى تولۇق ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ بېرىش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇشتۇر. مانا بۇ تەييار بولۇپ تۇرغانلىقتۇر! مانا بۇ تەييار بولۇپ تۇرغانلىقتۇر! مانا بۇ تەييار بولۇپ تۇرغانلىقتۇر!» (سەھىھ مۇسلىم 251ـ ھەدىس)

# سۈرە نسا

| (٤) سورة النساء مدنية ١٧٦ آية | (4) سۈرە نسا مەدىنىدە چۈشكەن 176 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفۡسٖ وَٰحِدَةٖ وَخَلَقَ
مِنۡهَا زَوۡجَهَا وَبَثَّ مِنۡهُمَا رِجَالٗا كَثِيرٗا وَنِسَآءٗۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِي تَسَآءَلُونَ
بِهِۦ وَٱلۡأَرۡحَامَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَيۡكُمۡ رَقِيبٗا ١

***ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر جاندىن① (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ جاندىن (يەنى ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە بۇ ئىككىسىدىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى تۆرەلدۈرۈپ تاراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامىنى شىپى كەلتۈرىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، تۇغقانلىرىڭلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار②. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر [1].***

* «نسا» ئاياللار دېگەن مەنىدە. بۇ سۈرىدە ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك

مۇھىم مەسىلىلەر كۆپ تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى نىسا دەپ ئاتالغان.

① «بىر جان» دېگەندە ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿وَّخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا﴾دىكى ﴿مِنْهَا﴾ «ئۇنىڭدىن» يەنى «ئۇ جاندىن» دېگەندىمۇ يەنە شۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ ئايالى ھەۋۋانى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار دېگەن بولىدۇ. ھەزرىتى ھەۋۋا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن قانداق يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ھەزرىتى ھەۋۋا ئەردىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) يارىتىلغان» دېدى، يەنى ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «شەكسىزكى، ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارىتىلدى. قوۋۇرغىنىڭ ئۈچى تەرىپى ئېخىمۇ ئەگرى بولىدۇ. سەن قوۋۇرغىنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسەن. ئەگەر سەن ئۇ ئەگرى قوۋۇرغىدىن ئۆز پېتىچە مەنپەئەتلىنەي دېسەڭ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنەلەيسەن.» (سەھىھۇل بۇخارى 3331-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 715-ھەدىس) بەزى ئۆلىمالار بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇمانىڭ سۆزىنى ئەڭ توغرا دەپ قارايدۇ. قۇرئاننىڭ ﴿وَخَلَقَ مِنْهَا﴾ دېگەن لەۋزىمۇ ھەۋۋانىڭ ئاشۇ بىر جاندىن، يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن يارىتىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

② ﴿وَالْأَرْحَامَ﴾دىكى باغلىغۇچى ئاللاھ تائالانى كۆرسىتىدۇ. يەنى سىلە-رەھىمنى (ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىقنى) ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ﴿أَرْحَامَ﴾ بولسا "رَحِمٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئانىنىڭ رەھمى سەۋەبلىك بولغان تۇغقاندارچىلىق، يەنى مەھرەم بولىدىغان ۋە مەھرەم بولمايدىغان تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانىلىدۇ. بۇ شەرىئەتتە " قَطْعُ رَحِمٍ " سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپ ھەدىسلەردە ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ۋە پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇ " صِلَةُ رَحِمٍ " سىلە-رەھىم قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

وَءَاتُوا۟ ٱلْيَتَـٰمَىٰٓ أَمْوَٰلَهُمْ ۖ وَلَا تَتَبَدَّلُوا۟ ٱلْخَبِيثَ بِٱلطَّيِّبِ ۖ وَلَا تَأْكُلُوٓا۟
أَمْوَٰلَهُمْ إِلَىٰٓ أَمْوَٰلِكُمْ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ حُوبًا كَبِيرًا ﴿٢﴾

***يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار، ياخشىسىنى ناچارغا تېگىشىۋالماڭلار (پاك ۋە ھالالنى ناپاك ۋە ھارامىڭلار بەدىلىگە ئالماڭلار)، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. چۈنكى، بۇ چوڭ گۇناھتۇر① [2].***

① يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن ۋە مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلالايدىغان بولغان چاغدا ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ) بېرىڭلار. ﴿الْخَبِيثَ﴾ ناچار نەرسىنى، ﴿الطَّيِّبِ﴾ ياخشى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ناچار ماللىرىڭلارنى سانىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئورنىغا سېلىپ قويماڭلار. ناچار نەرسىلەرنىڭ ﴿الْخَبِيثَ﴾ (ناپاك)، ياخشى نەرسىلەرنىڭ ﴿الطَّيِّبِ﴾ (پاك) دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئالماشتۇرۇۋېلىنغان مال ئەسلىدە پاك ۋە ھالال بولسىمۇ، سىلەرنىڭ بەتنىيەتلىك قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن ناپاك بولۇپ كېتىدۇ، ئەمدى ئۇ مال پاك ئەمەس، سىلەرگە نىسبەتەن ئۇ مال ناپاك ۋە ھارام بولۇپ كېتىدۇ دېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭدەك ۋەسى بولغۇچىنىڭ يامان غەرەز بىلەن يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ئۆزىنىڭ مېلىغا قوشۇپ يېيىشىمۇ چەكلەندى، ئەمما ياخشى نىيەت بىلەن ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئۆزىنىڭ مېلىغا قوشۇشى جايىزدۇر.

إِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تُقْسِطُوا۟ فِى ٱلْيَتَـٰمَىٰ فَٱنكِحُوا۟ مَا طَابَ لَكُم مِّنَ
ٱلنِّسَآءِ مَثْنَىٰ وَثُلَـٰثَ وَرُبَـٰعَ ۖ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا۟ فَوَٰحِدَةً أَوْ مَا
مَلَكَتْ أَيْمَـٰنُكُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَدْنَىٰٓ أَلَّا تَعُولُوا۟ ﴿٣﴾ وَءَاتُوا۟ ٱلنِّسَآءَ
صَدُقَـٰتِهِنَّ نِحْلَةً ۚ فَإِن طِبْنَ لَكُمْ عَن شَىْءٍ مِّنْهُ نَفْسًا فَكُلُوهُ
هَنِيٓـًٔا مَّرِيٓـًٔا ﴿٤﴾ وَلَا تُؤْتُوا۟ ٱلسُّفَهَآءَ أَمْوَٰلَكُمُ ٱلَّتِى جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمْ

قِيَمًا وَٱرۡزُقُوهُمۡ فِيهَا وَٱكۡسُوهُمۡ وَقُولُواْ لَهُمۡ قَوۡلًا مَّعۡرُوفًا ﴿٥﴾
وَٱبۡتَلُواْ ٱلۡيَتَٰمَىٰ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغُواْ ٱلنِّكَاحَ فَإِنۡ ءَانَسۡتُم مِّنۡهُمۡ رُشۡدًا
فَٱدۡفَعُوٓاْ إِلَيۡهِمۡ أَمۡوَٰلَهُمۡۖ وَلَا تَأۡكُلُوهَآ إِسۡرَافًا وَبِدَارًا أَن يَكۡبَرُواْۚ
وَمَن كَانَ غَنِيًّا فَلۡيَسۡتَعۡفِفۡۖ وَمَن كَانَ فَقِيرًا فَلۡيَأۡكُلۡ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ
فَإِذَا دَفَعۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡ أَمۡوَٰلَهُمۡ فَأَشۡهِدُواْ عَلَيۡهِمۡۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ
حَسِيبًا ﴿٦﴾

*ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىڭلار (يەنى ئالساڭلار بولىدۇ)، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادالەتلىك بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ①. بۇنداق قىلىش (يەنى بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش) بىر تەرەپكە مايىل بولۇپ كەتمەسلىككە (ئادالەتسىزلىك قىلماسلىقىڭلارغا) ئەڭ يېقىندۇر② [3]. ئاياللارغا ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوۋغا قىلىپ بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى (ئۆز رازىلىقى بىلەن) سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن بىمالال (يەنى پاك - ھالال بىلىپ) ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ [4]. ئاللاھ سىلەرگە تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى قىلىپ بەرگەن پۇل - مېلىڭلارنى (يەنى مەسئۇلىيىتىڭلار ئاستىدا بولغانلارنىڭ پۇل - مېلىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) ئەخمەقلەرگە (گالۋاڭلارغا) تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار ۋە ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار [5]. يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ (ئەقىل - ئىدراكتا) يېتىلگەنلىكىنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال - مۈلۈكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مال - مۈلۈكىنى بۇزۇپ - چېچىپ ئالدىراپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسى*

***بولغانلاردىن) كىمكى باي بولسا، (ۋەسىي بولغانلىق ھەققىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن) يېتىمنىڭ مال - مۈلۈكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، كىمكى يوقسۇل بولسا، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۇچۇن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن، ئۇلار (يەنى بالاغەتكە يەتكەن يېتىملەر)نىڭ مال - مۈلۈكىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە ئۇلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار. ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر③ [6].***

① ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىنى مۇنداق بايان قىلغان بولۇپ، قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ غەمخورلىقىدا مال - مۈلۈكى كۆپ ۋە چىرايلىق يېتىم قىز بولسا، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۇنىڭ مال - مۈلۈكى ۋە چىرايىنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشى، ئەمما باشقا ئاياللارغا بەرگەندەك مەھر ھەققىنى تولۇق بەرمەسلىكى مۇمكىن، ئاللاھ بۇنداق زۇلۇمدىن توستى. ئەگەر سىلەر ئۇ يېتىم قىزلارنى ئېلىپ، ئادىل بولالمىساڭلار، ئۇلار بىلەن توي قىلماڭلار، سىلەرگە باشقا ئاياللار بىلەن توي قىلىشنىڭ يولى ئوچۇق. (سەھىھۇل بۇخارى 4574 - ھەدىس)

بىرىنلا ئەمەس بەلكى ئىككىنى، ئۈچنى ھەتتا تۆتكىچە خوتۇن ئالساڭلار بولىدۇ. شەرتى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇشتۇر. بولمىسا ﴿بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ﴾ بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدىكى، بىر مۇسۇلمان ئەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا (ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالسا) بىردىن تۆتكىچە خوتۇننى نىكاھىدا ساقلىشى دۇرۇس. لېكىن تۆتتىن ئارتۇقنى ساقلىسا بولمايدۇ. بۇ نۇقتا سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆتتىن ئارتۇق خوتۇن ئالغان، بۇ رەسۇلۇللاھقا خاس ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ قايسىبىر ئۈممىتىنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا تۆتتىن ئارتۇق خوتۇننى ئەمرىدە ساقلىشى دۇرۇس ئەمەس. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى بىرلا ئايال بىلەن توي قىلىش كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى بىردىن ئارتۇق خوتۇن ئالغاندا، ئۇلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. ئەرنىڭ كۆڭلى قايسى ئايالغا بەكرەك مايىل بولسا، شۇ ئايالنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ھازىرلاپ بېرىشكىمۇ كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، نەتىجىدە ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىق كېلىپ چىقىدۇ،

نەتىجىدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى يەنە بىر ئايەتتە ناھايىتى پاساھەتلىك ئۇسلۇب بىلەن مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس، يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار﴾. (سۈرە نىسا 129-ئايەت) بۇ ئايەتتىن بىردىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىپ، بىرىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كېتىپ، يەنە بىرىنى تاشلاپ قويىدىغان ئادەمگە بىردىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ.

③ يۇقىرىدا يېتىملەرنىڭ مال-مۈلۈكى ھەققىدە مۇھىم بولغان يولىيورۇقلار بېرىلگەندىن كېيىن ئاخىرىدا «ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر» دېيىلگەنلىكنىڭ مەنىسى شۇكى، يېتىملەرنىڭ مال-مۈلۈكى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى چاغدا ئۇنى قانداق مۇھاپىزەت قىلدىڭلار؟ مالنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرگەندە ئاز-تولا كېمەيتىپ ياكى بەزىسىنى ئالماشتۇرۇۋېلىپ بەردىڭلارمۇ-يوق؟ سىلەرنىڭ ئۇ پۇل-مالنى ئامانەتدارلىق بىلەن ساقلىغىنىڭلارنى ياكى خىيانەت قىلغانلىقىڭلارنى باشقىلار بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ تائالاغا ھېچنەرسە مەخپىي ئەمەس، سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغاندا، ئۇ چوقۇم سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىستە بۇنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئەبۇزەر! مەن ھەقىقەتەن سېنى ئاجىز دەپ قارايمەن. ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ساڭىمۇ ياخشى كۆرىمەن، سەن ئىككى كىشىگىمۇ باشلىق بولمىغىن ۋە يېتىمنىڭ مال - مۈلۈكىگە ۋەسىي ۋە ۋەلىي بولمىغىن!» (سەھىھ مۇسلىم 1826-ھەدىس)

لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ
مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنْهُ أَوْ كَثُرَ نَصِيبًا
مَّفْرُوضًا ⑦ وَإِذَا حَضَرَ ٱلْقِسْمَةَ أُوْلُواْ ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَـٰمَىٰ وَٱلْمَسَـٰكِينُ
فَٱرْزُقُوهُم مِّنْهُ وَقُولُواْ لَهُمْ قَوْلًا مَّعْرُوفًا ⑧

***ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى (نېسىۋىسى) بار. ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى (نېسىۋىسى) بار. مەيلى ئۇ (مىراس) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ئادەم (شەرىئەتتە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى (نېسىۋىسىنى) ئالىدۇ① [7]. تەقسىمات ۋاقتىدا (مىراستا ھەق-نېسىۋىسى يوق) تۇغقانلار، يېتىملەر ۋە مىسكىنلەر ھازىر بولسا، (ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن) ئۇلارغىمۇ ئۇنىڭدىن (يەنى مىراستىن ئاز-تولا) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار② [8].***

① ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئاياللار ۋە كىچىك باللارغا مىراستىكى ھەققىنى بەرمەيدىغان بىر خىل زۇلۇم راۋا كۆرۈلگەن ئادەت بار ئىدى. شۇ ئادەت بويىچە باللارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش قىلالايدىغان چوڭلىرىلا ئاتىسىنىڭ بارلىق مال-مۈلۈكىگە ۋارىسلىق قىلاتتى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئەرلەرگە ئوخشاش ئاياللارمۇ ۋە قىز-ئوغۇل كىچىك باللارمۇ ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسقا ۋارىس بولۇپ، تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى مىراس ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مەزكۇر ئادىتى ئەمەلدىن قالدى. ئەمما (ئۈچ ئايەتتىن كېيىن كېلىدىغان ھۆكۈم) ئايالغا ئەرنىڭ ھەسسىسىنىڭ يېرىمى بېرىلىدىغانلىقى ئايال كىشىگە قىلىنغان زۇلۇم ئەمەس، ئۇنى كەمسىتكەنلىكمۇ ئەمەس، بەلكى ئىسلامدىكى بۇ مىراس قانۇنى ئەدلى-ئىنسابنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇندۇر. چۈنكى ئىسلام ئايال كىشىنى پۇل-تېپىش ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەسئۇلىيىتىدىن ئازات قىلىپ، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئايالغا بېرىلىدىغان مەھر ھەققىنىمۇ ئەرنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ قىلغان. يەنە ئەرنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئايالنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئايالنىڭ مىراستىكى ھەسسىسى ئەر بىلەن تەڭ بولۇپ قالسا، ئەرگە زۇلۇم قىلىنغان بولۇپ قالىدۇ. دېمەك بۇنىڭدا ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمىغان. چۈنكى ئۇ ھەم ئادالەت ھەم ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

② بەزى ئۆلىمالار بۇ يەردىكى بۇيرۇقنى مىراس ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن

قالغان دەپ قارايدۇ. لېكىن توغرىسى شۇكى، بۇ بۇيرۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان، بەلكى بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر ئەخلاقىي پرىنسىپ بولۇپ، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى شۇكى، مىراس تەقسىم قىلىنغان چاغدا ياردەم قىلىشقا لايىق تۇغقانلار ئىچىدە مىراستا ھەسسىدارلىقى بولمىغانلارغا ئازراق بىر نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت يۈزىسىدىن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىڭلار، مال-دۇنيا قولغا كەلگەندە قارۇن ۋە پىرئەۋنلەردەك بولىۋالماڭلار.

وَلْيَخْشَ ٱلَّذِينَ لَوْ تَرَكُوا۟ مِنْ خَلْفِهِمْ ذُرِّيَّةً ضِعَـٰفًا خَافُوا۟ عَلَيْهِمْ فَلْيَتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَلْيَقُولُوا۟ قَوْلًا سَدِيدًا ﴿٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَٰلَ ٱلْيَتَـٰمَىٰ ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِى بُطُونِهِمْ نَارًا ۖ وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا ﴿١٠﴾

***ئارقىسىدا (يەنى ئۆزىدىن كېيىن) چارىسىز نارىسىدىلىرىنى قويۇپ كەتكەن تەقدىردە، ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىدىغانلار (باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۇچۇنمۇ) ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە توغرا سۆزنى ئېيتىپ قويسۇن① [9]. زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ [10].***

① بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ يەردىكى خىتاب ۋەسىيلەر (يېتىملەرگە ئىگە بولۇشى تەۋسىيە قىلىنغانلار) ئۇچۇن بولۇپ، ئۇلارغا: قول ئاستىدىكى يېتىملەرگە قارىتا خۇددى ئۆزلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىشىنى خالىسا، ئۇ يېتىملەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىش تەۋسىيە قىلىنىۋاتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى خىتاب ئومۇمىي بولۇپ، ھەربىر كىشى يېتىملەر ۋە باشقا كىچىك بالىلارغا، مەيلى ئۇلار كاپالىتى ئاستىدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، چىرايلىق رەۋىشتە مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان، دەپ قارايدۇ.

باشقا مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى خىتاب ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى شۇكى، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىگە توغرا يول كۆرسىتىپ، ۋەسىيەت قالدۇرغاندا ئاللاھنىڭ ھەققى ۋە بەندىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا ئاللاھىدە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىش، ئەگەر ئۇ كىشى ئائىلە باشلىقى بولسا، مال-مۈلۈكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدىكى نامرات، ياردەمگە ئېھتىياجلىقلارغا ياكى قايسىبىر دىنىي ئىشلارغا ئىشلىتىشكە ۋەسىيەت قىلغىنى ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش. ئەگەر ئۇ كىشى مال-مۈلۈكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇقىنى ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ قولىغا قارايدىغان ھاجەتمەن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى توسۇش. ئەگەر ئۇ ۋارىسلىرىنى مىراستىن مەھرۇم قالدۇرماقچى بولسا، بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدە كەمبەغەلچىلىكتە قېنىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقى توغرىسىدا ئەسكەرتىپ، ئۇنى چەكلەشتىن ئىبارەت. بۇ مەسئۇلىيەتلەر يۇقىرىدىكى بارلىق خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. (تەپسىر قۇرتۇبى ۋە فەتھۇلقەدىر)

يُوصِيكُمُ ٱللَّهُ فِىٓ أَوۡلَٰدِكُمۡۖ لِلذَّكَرِ مِثۡلُ حَظِّ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۚ فَإِن كُنَّ نِسَآءٗ فَوۡقَ ٱثۡنَتَيۡنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا مَا تَرَكَۖ وَإِن كَانَتۡ وَٰحِدَةٗ فَلَهَا ٱلنِّصۡفُۚ وَلِأَبَوَيۡهِ لِكُلِّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا ٱلسُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِن كَانَ لَهُۥ وَلَدٞۚ فَإِن لَّمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلَدٞ وَوَرِثَهُۥٓ أَبَوَاهُ فَلِأُمِّهِ ٱلثُّلُثُۚ فَإِن كَانَ لَهُۥٓ إِخۡوَةٞ فَلِأُمِّهِ ٱلسُّدُسُۚ مِنۢ بَعۡدِ وَصِيَّةٖ يُوصِي بِهَآ أَوۡ دَيۡنٍۗ ءَابَآؤُكُمۡ وَأَبۡنَآؤُكُمۡ لَا تَدۡرُونَ أَيُّهُمۡ أَقۡرَبُ لَكُمۡ نَفۡعٗاۚ فَرِيضَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿١١﴾

***ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ① ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ***

***چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ②، ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ③. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ)④. ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا - ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ)⑤. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىلەر ئاتا - ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر⑥، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئۈلۈشتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [11].***

① بۇ خىل تەقسىماتنىڭ ھېكمەت ۋە ئەدلى-ئىنسابنى ئاساس قىلغانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەگەر ۋارىسلارنىڭ ئارىسىدا قىز-ئوغۇل ھەر ئىككىسى بولسا، مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. قىز-ئوغۇللار مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممىسى مىراسخور بولىدۇ، ھەتتا تۆرەلمە (ئانىنىڭ قورسىقىدىكىدىكى بالا) ھەم مىراسخور بولىدۇ. ئەمما مېيىتنىڭ كاپىر بولۇپ كەتكەن ئەۋلادى مىراسخور بولالمايدۇ.

② ئەگەر ئوغۇل بولمىسا، مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى ئىككىدىن ئارتۇق قىزلارغا بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىككىلا قىز بولسىمۇ، يەنىلا ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى بېرىلىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «سەئد ئىبنى رەبىئىنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇلار سەئد ئىبنى رەبىئىنىڭ ئىككى قىزىدۇر، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاتىسى ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولۇپ كەتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ تاغىسى (سەئدنىڭ قېرىندىشى)، سەئدنىڭ مال - مۈلۈكىدىن بۇ ئىككىسىگە ھېچنېمە قويۇپ قويماي ئېلىۋالدى. مال بولمىسا بۇ ئىككىسى ياتلىق بولالمايدۇ› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىدۇ› دېدى. ئاندىن مىراس (ھۆكۈملىرىنى چۈشەندۈرىدىغان يۇقىرىدىكى) ئايەت چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ تاغىسىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: ‹سەن سەئدنىڭ ئىككى قىزىغا مالنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى بەرگىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئانىسىغا (يەنى سەئدنىڭ ئايالىغا) مالنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمىنى بەرگىن، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنى سېنىڭ بولسۇن› دېدى. (سۈنەنى تىرمىزى 2092-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2891-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 2720-ھەدىس) ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۈرە نىسانىڭ ئاخىرىدا ئەگەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ ۋارىسى ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارغىمۇ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ھەمشىرە ئۈچتىن ئىككى ھەسسە مىراسقا ۋارىسلىق قىلسا، ئىككى قىزمۇ ئەلۋەتتە ئۈچتىن ئىككى ھەسسىگە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك. ئىككىدىن ئارتۇق ھەمشىرە بولغان تەقدىردىمۇ ئىككىدىن ئارتۇق قىز بولغانغا ئوخشاش ھۆكۈم قىلىنىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

خۇلاسە: مىراسخورلار ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق قىزلار بولسا، مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى قىزلارغا بېرىلىدۇ، قالغىنى باشقا نەسەب جەھەتتىن بولغان تۇغقانلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ.

③ ئاتا - ئانا مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە مىراس ئالىدۇ: بىرىنچى ھالەت، ئەگەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ باللىرى بولسا، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ، قالغان ئۈچتىن ئىككىسى باللارغا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ پەقەت بىرلا قىزى بولسا، مىراسنىڭ يېرىمى (يەنى ئالتىدىن ئۈچ ھەسسىسى) قىزنىڭ بولىدۇ، ئالتىدىن بىرى ئانىنىڭ يەنە ئالتىدىن بىرى ئاتىنىڭ بولىدۇ، ئاشقان ئالتىدىن بىرىمۇ ئاتىغا بېرىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئاتا ئالتىدىن بىرنى ئىككى قېتىم ئالغان بولىدۇ، بىرىنچى قېتىم: ئاتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچى قېتىم: نەسەب جەھەتتىن تۇغقان بولغانلىقى ئۈچۈن.

④ ئىككىنچى ھالەت، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەۋلادى بولمىسا (ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن ئىجماغا ئاساسەن قىز-ئوغۇل نەۋرىلەرمۇ مېيىتنىڭ ئەۋلادى قاتارىغا كىرىدۇ). ئۆلگەن كىشىنىڭ پەقەت ئاتا - ئانىسىلا بولسا، بۇ ھالەتتە ئانىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ. قالغىنى (ئىككى

ھەسسىسى) نەسەب يۈزىسىدىن ئاتىغا تېگىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى بار ئۆلگەن كىشىنىڭ ئايالى ياكى ئۆلگەن كىشى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئەڭ كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن ئەر ياكى ئايالنىڭ ھەر بىرىگە تېگىشلىك ھەسسىسى بېرىلگەندىن كېيىن (تەپسىلاتى تۆۋەندە كېلىدۇ)، قالغان مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئانا ئالىدۇ، قالغان ئۈچتىن ئىككىسىنى ئاتا ئالىدۇ.

⑤ ئۈچىنچى ھالەت، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە قىز-ئوغۇل قېرىنداشلىرى ھايات بولسا، مەيلى ئۇ قېرىنداشلىرى بىر ئاتا-ئانىدىن بولسۇن ياكى ئاتا بىر، ئانا باشقا قېرىنداشلار بولسۇن ۋەياكى ئانا بىر، ئاتا باشقا قېرىنداشلار بولسۇن، بۇ ھالەتتە بۇ قىز-ئوغۇل قېرىنداشلارنىڭ بىرىمۇ ئاتا بار يەردە مىراسخور بولالمايدۇ. گەرچە ئۇلار مىراسخور بولالمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ئانىنىڭ مىراسىنى كېمەيتىپ قويىدۇ، يەنى بىردىن ئارتۇق بولغان قېرىنداشلار مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغان ئانىنى ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغان قىلىپ قويىدۇ. يەنى ئانا ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ. قالغان (5/6) قىسمىنى ئاتا ئالىدۇ، شەرتى شۇكى، باشقا مىراسخور بولمىسا. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە ئىككى قېرىنداشمۇ ئانىنىڭ مىراسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. دېمەك بىر قېرىنداش ياكى بىر ھەمشىرە بولسا، ئانىنىڭ مىراسى ئۈچتىن بىردە تۇرىۋېرىدۇ، ئالتىدىن بىرگە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑥ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە مىراس تەقسىم قىلماڭلار، بەلكى ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە كىمگە قانچىلىك ھەسسە ۋە ئۇلۇش بەلگىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭغا شۇنى بېرىڭلار.

۞ وَلَكُمْ نِصْفُ مَا تَرَكَ أَزْوَٰجُكُمْ إِن لَّمْ يَكُن لَّهُنَّ وَلَدٌ ۚ فَإِن
كَانَ لَهُنَّ وَلَدٌ فَلَكُمُ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْنَ ۚ مِنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِينَ
بِهَآ أَوْ دَيْنٍ ۚ وَلَهُنَّ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْتُمْ إِن لَّمْ يَكُن لَّكُمْ وَلَدٌ ۚ فَإِن
كَانَ لَكُمْ وَلَدٌ فَلَهُنَّ ٱلثُّمُنُ مِمَّا تَرَكْتُم ۚ مِّنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ تُوصُونَ
بِهَآ أَوْ دَيْنٍ ۗ وَإِن كَانَ رَجُلٌ يُورَثُ كَلَٰلَةً أَوِ ٱمْرَأَةٌ وَلَهُۥٓ أَخٌ أَوْ أُخْتٌ

فَلِكُلِّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا ٱلسُّدُسُۚ فَإِن كَانُوٓاْ أَكۡثَرَ مِن ذَٰلِكَ فَهُمۡ
شُرَكَآءُ فِي ٱلثُّلُثِۚ مِنۢ بَعۡدِ وَصِيَّةٖ يُوصَىٰ بِهَآ أَوۡ دَيۡنٍ غَيۡرَ مُضَآرّٖۚ
وَصِيَّةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَلِيمٞ ﴿١٢﴾

***ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ باللىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى (ئى ئەرلەر!) سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ باللىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ①. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى مېيىتنىڭ قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ②. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا ـ ئانىسى يوق، بالىسىمۇ يوق ئەر ياكى ئايال بولۇپ③، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا④، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ⑤. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ⑥. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك⑦. ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان تەۋسىيەدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، (ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر [12].***

① ئەگەر مېيىتنىڭ ئەۋلادى بولمىسا، نەۋرىلىرى ئەۋلادىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، بۇ ئۇممەتنىڭ ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن ئىجمادۇر.

(فەتھۇلقەدىر ۋە ئىبنى كەسىر) شۇنىڭدەك ئەگەر ئۆلگەن ئەر كىشىنىڭ باللىرى ھازىرقى مىراسخور ئايالدىن بولغان بولسۇن ياكى باشقا ئايالدىن بولغان بولسۇن، يەنە ئۆلگەن ئايالنىڭ باللىرى ھازىرقى مىراسخور ئېرىدىن بولغان بولسۇن ياكى ئىلگىرىكى ئېرىدىن بولغان بولسۇن، ھۆكۈم ئوخشاشتۇر.

② ئۆلگەن كىشىنىڭ ئايالى بىر بولسىمۇ مىراسىنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. بىردىن ئارتۇق ئاياللىرى بولسىمۇ، يەنىلا شۇ تۆتتىن بىرى ياكى سەككىزدىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ھەر بىرىگە مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى سەككىزدىن بىرى بېرىلمەيدۇ. بۇمۇ ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن ئىجمادۇر. (فەتھۇلقەدىر)

③ ﴿ كَلَٰلَةً ﴾ دېگەن دادىسىمۇ يوق، بالىسىمۇ يوق مېيىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز «إِكْلِيلٌ»دىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، تاج دېگەن مەنىدە. تاج باشنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ ئالىدۇ. ئۇنىڭ ﴿ كَلَٰلَةً ﴾ دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبمۇ ئۇستى تەرەپتىنمۇ، ئاستى تەرەپتىنمۇ ۋارىسى بولماي، پەقەت ئوڭ-سول، يان تەرەپلەردىن ۋارىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. (فەتھۇلقەدىر، تەپسىر ئىبنى كەسىر) بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ سۆز «كَلَّ»دىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، مەنىسى ھېرىپ-چارچاپ قېلىشتۇر. دېمەك بىر كىشىنىڭ نەسەبى ۋە نەسلىنى ئىزدەپ تېپىپ بولالماي ھېرىپ-چارچاپ، ئالدىغا ماڭالمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قېلىش يەنى نەسەبى ۋە نەسلىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئادەم دېگەن مەنىدە.

④ بۇنىڭدا ئاتا باشقا ئانا بىر ھەمشىرىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى بىر تۇغقان قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ مىراستىكى ھەسسىسى يەنە ئاتا بىر ئانا باشقا قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ مىراستىكى ھەسسىسى بۇنداق بولمايدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتى بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ، بۇمۇ ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەردىندۇر. (فەتھۇلقەدىر) ئەسلىدە قىز-ئوغۇل ئەۋلادلارغا «بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ» دېگەن قانۇن ئىجرا قىلىنىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن قىز-ئوغۇللارغا قارىتا بۇ ئايەتتە؛ ھەمشىرىلەرگە قارىتا سۈرە نىسانىڭ ئاخىرىدا مەزكۇر قانۇن تەكىتلەندى.

ئەمما پەقەت ئانىنىڭ ئەۋلادىدا نەسلىنىڭ ھەسسىسى بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئوخشاش ھەسسە بېرىلىدۇ. ھەرھالدا ئەگەر مىراس

قالدۇرغۇچى ئاتا-ئانىسى يوق، بالىسىمۇ يوق ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ.

⑤ ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بىردىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇلار ئەر-ئايال دەپ ئايرىلماستىن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ھەربىرى باراۋەر ھەسسە ئالىدۇ.

ئىزاھات: ئانا بىر ئاتا باشقا قېرىنداشلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھكاملار باشقا ۋارىسلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇلار ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مىراس ئالىدۇ. ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەر ۋە ئايال مىراستا باراۋەر بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئۇلار مىراس قالدۇرغۇچى ﴿ كَلَٰلَةً ﴾ بولسىلا يەنى مېيىت ئاتا - ئانىسى يوق، چوڭ دادىسى يوق، بالىسى يوق، نەۋرىسىمۇ يوق بولغان ئەھۋالدىلا مىراس ئالالايدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى، چوڭ دادىسى، بالىسى، نەۋرىسى قاتارلىقلاردىن بىرەرسى ھايات بولسا، ئۇلار (يەنى ئانا بىر ئاتا باشقا تۇغقانلار) مىراس ئالالمايدۇ. تۆتىنچىسى، ئۇلارنىڭ يەنى ئەر-ئاياللارنىڭ سانى ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار مىراسنىڭ ئۈچتىن بىردىن زىيادە ھەسسە ئالالمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئانا بىر ئاتا باشقا قېرىندىشىدىن قالغان مىراسنى تەقسىم قىلىشتا ئۇلار ئەر-ئايال دەپ ئايرىلمايدۇ، ئەر-ئايال ھەر ئىككىسىگە تەڭ مىراس بېرىلىدۇ. بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى بېرىلمەيدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلغان ئىدى. ئىمام زوھرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق ھۆكۈم قىلىشى ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە بىرەر ھەدىس ئاڭلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑥ مىراس ئەھكاملىرى بايان قىلىنىش بىلەن تەڭ بۇ يەردە «مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالغان ۋە قەرزى تۆلەنگەندىن كېيىن مىراسنى تەقسىم قىلىش» ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئىككى بۇيرۇققا ئەمەل قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ھەممىدىن بۇرۇن قەرزنى تۆلەش ئاندىن ۋەسىيەتنى ئىجرا قىلىشتا ھەممە ئۆلىمالار ئىتتىپاقىقا كەلگەندۇر. لېكىن ئاللاھ تائالا بۇ ئۈچ ئايەتنىڭ ھەممىسىدە

ۋەسىيەتنى قەرزدىن ئىلگىرى تىلغا ئالدى. ھالبۇكى، تەرتىپ بويىچە قەرز بۇرۇن تىلغا ئېلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدا مۇنداق بىر ھېكمەت بار، ئۇ بولسىمۇ قەرزنى ئادا قىلىشقا كىشىلەر ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەگەر ئەھمىيەت بەرمىگەن تەقدىردە، قەرز ئىگىلىرى ئۇلاردىن مەجبۇرىي ئالىدۇ. ئەمما ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلىشقا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر بۇ ئىشتا سۇسلۇق ۋە بىپەرۋالىق قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ۋەسىيەتنى ئاۋۋال تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەرگەن بولىشى مۇمكىن. (روھۇلمەئانى)

ئەسكەرتىش: ئەگەر ئايالنىڭ تويلۇقى (مەھرى ھەققى) بېرىلمىگەن بولسا، ئۇمۇ قەرزنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا مىراسنى تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى مەھرى ھەققىنى بېرىۋېتىش لازىم. ئەمما ئايالنىڭ قانۇنلۇق مىراس ھەققى ئۇ مەھرى ھەققىدىن ئايرىم بولىدۇ.

⑦ يەنى ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ۋەسىيەت ئارقىلىق بەزى ۋارىسلارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىشى ياكى بەزىسىگە مىراسنى كۆپ بېرىۋېتىش ياكى كېمەيتىۋېتىشتەك ئىشلار بىلەن مىراسخورلارغا زىيان سېلىشى ياكى بىر كىمدىن قەرز ئالمىغان بولسىمۇ، مەن پالانچىدىن مۇنچىلىك قەرز ئالغان دەپ، ۋارىسلارنىڭ ھەققىنى كېمەيتىۋېتىشى دۇرۇس ئەمەس. مەيلى ۋەسىيەت ئارقىلىق بولسۇن ياكى قەرز ئارقىلىق بولسۇن، ھەر ئىككى ئۇسۇل بىلەن ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزۈش چەكلىنىدۇ. بۇ گۇناھى كەبىرە قاتارىدىندۇر. يەنە ئۇنداق ۋەسىيەتمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

تِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِۚ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ يُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي
مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١٣﴾ وَمَن
يَعۡصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُۥ يُدۡخِلۡهُ نَارًا خَٰلِدٗا فِيهَا وَلَهُۥ
عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿١٤﴾ وَٱلَّٰتِي يَأۡتِينَ ٱلۡفَٰحِشَةَ مِن نِّسَآئِكُمۡ فَٱسۡتَشۡهِدُواْ
عَلَيۡهِنَّ أَرۡبَعَةٗ مِّنكُمۡۖ فَإِن شَهِدُواْ فَأَمۡسِكُوهُنَّ فِي ٱلۡبُيُوتِ حَتَّىٰ
يَتَوَفَّىٰهُنَّ ٱلۡمَوۡتُ أَوۡ يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لَهُنَّ سَبِيلٗا ﴿١٥﴾

***ئەنە شۇلار (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ شۇ جەننەتلەردە مەڭگۇ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر [13]. كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۇ قالىدۇ، ئۇنىڭغا خورلىغۇچى ئازاب باردۇر [14]. ئاياللىرىڭلار ئىچىدە پاھىشە قىلغانلار كۆرۈلسە (بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار. ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ ئاياللىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا)، تاكى ئۇ ئاياللار ۋاپات بولغانغا① ياكى ئاللاھ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر② ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇڭلار [15].***

① بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى پاھىشە قىلغۇچى ئاياللىڭ جازاسى ئىدى. ئۇ چاغدا زىنانىڭ جازاسى تېخى بەلگىلەنمىگەن بولغاچقا، بۇ ۋاقىتلىق جازا ئىجرا قىلىناتتى.

ئەسكەرتىش: ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكا قائىدىسى بويىچە ئۈچتىن ئونغىچە بولغان ساناقتا، ئەگەر سانالغۇچى مۇئەننەس چىشى جىنسلىق بولسا، ساناق مۇزەككەر ئەركەك جىنسلىق شەكلىدە كېلىدۇ. ئەگەر سانالغۇچى مۇزەككەر ئەركەك جىنسلىق بولسا، ساناق مۇئەننەس چىشى جىنسلىق شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ ئايەتتە «أَرْبَعَةٌ» تۆت دېگەن سان مۇئەننەس چىشى جىنسلىق شەكلىدە كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇنىڭ سانالغۇچىسى تىلغا ئېلىنمىغان، جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭ مۇزەككەر ئەركەك جىنسلىق شەكلىدە كېلىشى مۇئەييەن بولۇپ، ئۇ سانالغۇچى «أَرْبَعَةُ رِجَالٍ» يەنى تۆت ئەردۇر. بۇنىڭدىن بىر ئاياللىڭ پاھىشە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆت ئەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى مەلۇم بولىدۇ. خۇددى پاھىشەنىڭ جازاسى ئېغىر بەلگىلەنگەندەك، ئۇنى ئىسپاتلاشنىڭ شەرتلىرىمۇ ئېغىر قىلىنغان. يەنى تۆت ئەر مۇسۇلماننىڭ كۆزى بىلەن كۆرگەنلىك گۇۋاھلىقى لازىم، ئۇنداق

بولمىسا، شەرئەتتىكى جازاغا لايىق بولغانلىقنى ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمايدۇ.

② بۇ يەردىكى «چىقىش يولى» دېگەن كېيىن بەلگىلەنگەن زىنا قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى توي قىلغان ئەر بىلەن توي قىلغان ئايال پاھىشە قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى يۈز قامچا ئۇرۇش ۋە چالما كېسەك قىلىش؛ ئەگەر توي قىلمىغان ئەر بىلەن توي قىلمىغان ئايال پاھىشە قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى يۈز قامچا ئۇرۇش ۋە بىر يىل پالاشتۇر. (بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە نۇر ۋە سەھىھ مۇسلىم 1690-ھەدىستە بار)

وَٱلَّذَانِ يَأۡتِيَـٰنِهَا مِنكُمۡ فَـَٔاذُوهُمَاۖ فَإِن تَابَا وَأَصۡلَحَا فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ تَوَّابٗا رَّحِيمًا ﴿١٦﴾ إِنَّمَا ٱلتَّوۡبَةُ عَلَى ٱللَّهِ لِلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٖ فَأُوْلَـٰٓئِكَ يَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿١٧﴾

*ئاراڭلاردا ئىككى كىشى پاھىشە قىلسا①، ئۇلارنى ئەيىبلەڭلار②. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتسە، ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر [16]. ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە پەقەت يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر. ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [17].*

① بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنىڭدىن ئىككى ئەر كىشىنىڭ بىر-بىرى بىلەن لىۋاتە قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن توي قىلمىغان ئەر بىلەن توي قىلمىغان ئايالنىڭ پاھىشە قىلىشى مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئايەت توي قىلغان ئەر بىلەن توي قىلغان ئايالغا خاس ئىدى، دېدى. بەزىلەر بۇ يەردىكى ئىككىلىك كەلگەن پېئىلگە ئاساسەن توي قىلغان ياكى

قىلمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئەر بىلەن ئايال ئىككىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ،
دېدى. ئىبنى جەرىر تەبەرى: تىوي قىلمىغان ئەر-ئايالغا قارىتىلغان دېگەن
قاراشنى ئەڭ توغرا دېدى ۋە ئالدىنقى ئايەتتە كەلگەن جازانى پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام بەلگىلىگەن چالما كېسەك قىلىش جازاسى بىلەن، بۇ
ئايەتتىكى جازانى سۈرە نۇردا بايان قىلىنغان جازا بىلەن ئەمەلدىن
قالدۇرۇلغان دەپ تەپسىر قىلدى. (تەپسىر تەبەرى)

② يەنى تىل بىلەن مالامەت قىلىش، ئەيىبلەش ياكى قول بىلەن
نوقۇپ تۈرۈپ كايىش قاتارلىقلار. بۇ ئەيىبلەش جازاسى يۇقىرىدا بايان
قىلىنغاندەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

وَلَيْسَتِ ٱلتَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ حَتَّىٰٓ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ
ٱلْمَوْتُ قَالَ إِنِّى تُبْتُ ٱلْـَٰٔنَ وَلَا ٱلَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌۚ أُوْلَٰٓئِكَ
أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا يَحِلُّ لَكُمْ
أَن تَرِثُواْ ٱلنِّسَآءَ كَرْهًاۖ وَلَا تَعْضُلُوهُنَّ لِتَذْهَبُواْ بِبَعْضِ مَآ
ءَاتَيْتُمُوهُنَّ إِلَّآ أَن يَأْتِينَ بِفَٰحِشَةٍ مُّبَيِّنَةٍۚ وَعَاشِرُوهُنَّ بِٱلْمَعْرُوفِۚ
فَإِن كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰٓ أَن تَكْرَهُواْ شَيْـًٔا وَيَجْعَلَ ٱللَّهُ فِيهِ خَيْرًا
كَثِيرًا ﴿١٩﴾

***داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا
ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى
ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم
دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ①. ئەنە شۇلارغا بىز
قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق [18]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاياللارغا
زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس ئورنىدا قىلىۋېلىشىڭلار (يەنى بىر
ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان
مال ئورنىدا قىلىۋېلىشىڭلار) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ②. ئۇلار
ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغانلا بولسا③، سىلەر ئۇلارغا
بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، (ئۆيدە***

***ئولتۇرغۇزىۋېلىپ) ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار④، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن⑤[19].***

① بۇنىڭدىن ئۆلىدىغان چاغدا (سەكرات ھالىتىدە) قىلغان تەۋبىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بەندىنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالمىغانلا بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». بۇ تېما سۈرە ئال ئىمراننىڭ **90**-ئايىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

② ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئاياللارغا قىلىنىدىغان بىر خىل زۇلۇم بار بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىر ئەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئايالىغا مەجبۇرىي ئىگە بولۇۋالاتتى. خالىسا ئۇلارنىڭ بىرەرسى ئۇ ئايالنى رازىلىقىسىز ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋالاتتى (ھەتتا ئۆگەي ئوغۇلمۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسىنىڭ ئايالىنى ئەمرىگە ئېلىۋالاتتى)، خالىسا رازىلىقىسىز ئۇنى باشقىلارغا ياتلىق قىلىپ بېرەتتى ياكى خالىسا ئۇنى ھېچ كىشىگە ياتلىق قىلىپ بەرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى». (سەھىھۇل بۇخارى **6948**-ھەدىس) دېمەك ئايال بىر ئۆمۈر شۇنداق ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى. ئىسلام كېلىپ بۇ خىل زۇلۇمنى ھەممە تەرەپتىن چەكلىدى.

③ «ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىش» دېگەندە پاھىشە قىلىش ياكى ئىتائەتسىزلىك ۋە ئاغزى يامان بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئەر كىشىگە، ئايالىغا بەرگەن مال ياكى مەھرى ھەققىنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن ئايالنى خېتىنى تەلەپ قىلىشقا قىستايدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا رۇخسەت بېرىلگەن. چۈنكى ئايال كىشى ئۆزى خېتىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان ئەھۋالدا، ئەر كىشىنىڭ مەھرى ھەققىنى قايتۇرىۋېلىش ھەققى بولىدۇ. (سۈرە بەقەرە **229**-ئايەتكە قارالسۇن)

④ ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئاياللارغا قىلىنىدىغان يەنە بىر خىل زۇلۇم بار ئىدى. ئەگەر ئايال ئەرگە ياقماي قېلىپ، ئەر ئۇنىڭدىن ئايرىلماقچى بولسا (بۇنداق ئەھۋالدا، ئىسلام ئەرگە ئايالنى تالاق

قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ)، ئۇنى ئۆزى ئېتتىكلا تالاق قىلمايتتى، بەلكى ئۇنىڭغا دائىم ئازار بېرىپ، ئارام بەرمەيتتى، شۇ تەرىقىدە ئۇنىڭغا بېسىم قىلاتتى، ئۇ ئايال ئاخىرى چارىسىز ئۆزىگە بېرىلگەن مەھرىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئىسلام بۇ خىل زۇلۇمنىمۇ چەكلىدى.

⑤ بۇ ئەرنىڭ ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىغا بۇيرۇلغان ھۆكۈم بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ۋە ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغان. بىر ھەدىستە ئايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق بايان قىلىنغان: «مۇئمىن ئەر مۇئمىن ئايالنى يامان كۆرمىسۇن، ئۇ ئۇنىڭ بىر ئىشىنى ياقتۇرمىغان بىلەن باشقا بىر ئىشىدىن خۇرسەن بولىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 1467-ھەدىس) بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر ئايال كىشىدە ھاياسىزلىق، كۆڭۈلسىزلىك، ئەرگە بويسۇنماسلىق ۋە قارشىلىق قىلىش دېگەندەك چوڭ خاتالىقلار بولماي، باشقا بىر قىسىم سەۋەنلىكلىرى سەۋەبىدىن ئەر ئايالنى ياقتۇرماي قالسا، ئالدىراپ خېتىنى بېرىۋەتمىسۇن، بەلكى سەۋرچانلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئىش قىلسۇن. شۇنداق قىلسا، بەلكىم ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. يەنى شۇ ۋەجىدىن سالىھ ئەۋلاد ئاتا قىلىشى، ئۇنىڭ ئىش-ئوقەتلىرىگە بەرىكەت ئاتا قىلىشى ۋە باشقا خەيرلىك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشى مۇمكىن.

ئەپسۇسكى، بىر قىسىم ئادەملەر قۇرئان-ھەدىس يوليورۇقلىرىنىڭ ئەكسىچە كىچىككىنە بىر ئىشنى دەپلا ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىدۇ. ئىسلام ئاتا قىلغان تالاق ھوقۇقىنى زالىملارچە قوللىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھوقۇق ئۆيىنى بۇزۇش، ئاياللارغا زۇلۇم قىلىش، بالىلارنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا قوللىنىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قىلمىش باشقىلارنىڭ: ئىسلام دىنى ئەر كىشىگە تالاق قىلىش ھوقۇقىنى بېرىپ، ئايالغا زۇلۇم قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بەرگەن، دېگەندەك بەتناملىرىغىمۇ سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىمتىياز گويا نۇقساندەك، ياخشىلىق يامانلىقتەك كۆرسىتىلىدۇ.

وَإِنْ أَرَدتُّمُ ٱسْتِبْدَالَ زَوْجٍ مَّكَانَ زَوْجٍ وَءَاتَيْتُمْ إِحْدَىٰهُنَّ قِنطَارًا
فَلَا تَأْخُذُوا۟ مِنْهُ شَيْـًٔا ۚ أَتَأْخُذُونَهُۥ بُهْتَـٰنًا وَإِثْمًا مُّبِينًا ﴿٢٠﴾ وَكَيْفَ
تَأْخُذُونَهُۥ وَقَدْ أَفْضَىٰ بَعْضُكُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ وَأَخَذْنَ مِنكُم مِّيثَـٰقًا
غَلِيظًا ﴿٢١﴾ وَلَا تَنكِحُوا۟ مَا نَكَحَ ءَابَآؤُكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا
قَدْ سَلَفَ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ فَـٰحِشَةً وَمَقْتًا وَسَآءَ سَبِيلًا ﴿٢٢﴾

***ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا باشقا بىر خوتۇن ئالماقچى بولساڭلار ۋە ئۇلارنىڭ بىرىگە (قويۇۋەتمەكچى بولغان خوتۇنۇڭلارغا مەھرى قىلىپ) كۆپ تويلۇق بەرگەن بولساڭلارمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار①. ئۇنى (ئايالىڭلارغا) بوھتان چاپلاپ ۋە ئوچۇق گۇناھ قىلىپ تۇرۇپ ئېلىۋالامسىلەر؟ [20] ئۆزئارا بىر يەردە بولۇشقان تۇرساڭلار② ۋە ئۇ ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەھدىسىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا③، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟ [21] ئاتىلىرىڭلار ئالغان خوتۇنلارنى ئالماڭلار④، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئېلىپ سالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ)، چۈنكى بۇ قەبىھ ئىشتۇر ۋە سەسكىنىشلىك قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت! [22]***

① بۇ ئايەتتە ئەر ئۆزى تالاق قىلغان ئەھۋالدا، مەھرىنى قايتۇرىۋېلىش قاتتىق چەكلەنگەندى. ﴿قِنْطَارًا﴾ دېگەن خەزىنە، كۆپ مال-دۇنيا دېمەكتۇر يەنى ھەر قانچە كۆپ مەھرى بەرگەن بولساڭلارمۇ، قايتۇرۇۋالماڭلار. ئەگەر قايتۇرىۋالساڭلار، ئايالغا زۇلۇم (بوھتان) قىلغان ھەم ئوچۇقتىن-ئوچۇق گۇناھ قىلغان بولىسىلەر.

② ئايەتتىكى ﴿ئۆزئارا بىر يەردە بولۇشقان تۇرساڭلار﴾ دېگەندە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى كىنايە تەرىقىسىدە شۇنداق بايان قىلغان.

③ ﴿مۇستەھكەم ئەھدە﴾ دېگەن نىكاھ قىلىدىغان ۋاقىتتا ئەردىن ئېلىنىدىغان ئەھدە. يەنى ئەردىن خوتۇننى «ياخشىلىق بىلەن تۇتۇش ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىش» ھەققىدە ئېلىنغان ئەھدىنى كۆرسىتىدۇ.

④ جاھلىيەت دەۋرىدە ئوغۇل ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئايالىنى (يەنى ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئانىسىنى) ئالاتتى، بۇ يەردە ئۇنىڭ ھاياسىزلىقىا ياتىدىغان يامان قىلمىش ئىكەنلىكى بايان قىلىنىپ، چەكلىنىۋاتىدۇ. ﴿ئاتىلىرىڭلار ئالغان خوتۇنلارنى ئالماڭلار﴾ دېگەن ئايەت ئومۇمىي بولۇپ، ئاتىسى نىكاھىغا ئالغان، ئەمما بىر يەردە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلغان خوتۇننى ئېلىشنىمۇ چەكلەيدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايىتىمۇ بۇ سۆزنى تەستىقلايدۇ. ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرىمۇ ئۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. (تەپسىر تەبەرى)

حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمۡ أُمَّهَٰتُكُمۡ وَبَنَاتُكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُمۡ وَعَمَّٰتُكُمۡ
وَخَٰلَٰتُكُمۡ وَبَنَاتُ ٱلۡأَخِ وَبَنَاتُ ٱلۡأُخۡتِ وَأُمَّهَٰتُكُمُ ٱلَّٰتِيٓ
أَرۡضَعۡنَكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُم مِّنَ ٱلرَّضَٰعَةِ وَأُمَّهَٰتُ نِسَآئِكُمۡ
وَرَبَٰٓئِبُكُمُ ٱلَّٰتِي فِي حُجُورِكُم مِّن نِّسَآئِكُمُ ٱلَّٰتِي دَخَلۡتُم بِهِنَّ
فَإِن لَّمۡ تَكُونُواْ دَخَلۡتُم بِهِنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ وَحَلَٰٓئِلُ
أَبۡنَآئِكُمُ ٱلَّذِينَ مِنۡ أَصۡلَٰبِكُمۡ وَأَن تَجۡمَعُواْ بَيۡنَ ٱلۡأُخۡتَيۡنِ إِلَّا مَا
قَدۡ سَلَفَۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ٢٣

**سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سىلەرنى ئېمىتكەن ئىنىكئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان خوتۇنلىرىڭلارنىڭ (ئىلگىرىكى ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا (ياكى باشقا ئۆيلەردە) ئۆسكەن قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن (نىكاھلىنىپ تېخى) بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان ئوغۇللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئاچا ـ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى①. لېكىن ئۆتۈپ كەتكىنى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ (يەنى ئەپۇ قىلىنىدۇ).**

*شەكسىزكى، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [23].*

① بۇ ئايەت نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان ئاياللارنى تەپسىلىي بايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەسەب (ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق) جەھەتتىن ھارام قىلىنغان يەتتە ئايال، ئېمىلداشلىق جەھەتتىن ھارام قىلىنغان يەتتە ئايال، يەنە كۈيئوغۇل بولۇش سەۋەبىدىن ھارام قىلىنغان تۆت ئايال بار.

ئۇلاردىن باشقا ھەدىستە نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان يەنە بىر ئايال بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئەر كىشى بىر ئايالنى ئاتا تەرەپ ياكى ئانا تەرەپ ھاممىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلىسا بولمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 5109-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1408-ھەدىس) يەنى بىر ئايالنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاممىلىرى ياكى جىيەن قىزلىرىدىن بىرىنى ئېلىش ھارامدۇر.

بىر ئەرگە نەسەب جەھەتتىن نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان يەتتە ئايال: ئۇ ئەرنىڭ ئانىسى، قىزى، ئاچا-سىڭىللىرى، ئاتا تەرەپ ھاممىسى، ئانا تەرەپ ھاممىسى، ئاكا-ئىنىلىرىنىڭ قىزلىرى، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ قىزلىرى. بىر ئەرگە ئېمىلداشلىق جەھەتتىن نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان يەتتە ئايال: ئۇنىڭ ئىنىك ئانىسى، خوتۇنىنى ئەمگەن قىز، ئېمىلداش ئاچا-سىڭىللىرى، ئىنىك ئانىسىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى، ئىنىك ئانىسىنىڭ يولدىشىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى، ئېمىلداش ئاچا-سىڭىللارنىڭ قىزلىرى، ئېمىلداش ئاكا-ئۇكىلارنىڭ قىزلىرى. نىكاھلىنىش ۋە كۈيئوغۇل بولۇش سەۋەبىدىن بىر ئەرگە نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان تۆت ئايال: ئەرنىڭ قېيىن ئانىسى (يەنى ئايالىنىڭ ئانىسى)، ئايالىنىڭ ئىلگىرىكى ئەردىن بولغان قىزى، ئايالىنىڭ ھاممىسى ۋە ئاچا-سىڭىللىرىدۇر. چۈنكى، ئىككى ھەمشىرە يەنى ئاچا-سىڭىلنى بىر ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلاش، يەنە ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن بىر ئەرگە نىكاھىدا بولغان ئايالىنىڭ ھاممىلىرى ياكى جىيەن قىزلىرىنىمۇ نىكاھىغا ئېلىش ھارامدۇر.

يەنە ئاتىسىنىڭ خوتۇنى (ئۆگەي ئانا)، (ئالدىنقى ئايەتتە «ئاتىلىرىڭلار ئالغان خوتۇنلارنى ئالماڭلار» دېيىلدى)

بىرىنچى تۈردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىق (نەسەب) جەھەتتىن ھارام قىلىنغان ئاياللارنىڭ تەپسىلاتى:

ئانىغا سىزنىڭ ئانا تەرەپ ۋە ئاتا تەرەپ مومىلىرىڭىز ۋە ئۇلارنىڭ ئانىلىرى يۇقىرىسىغىچە ھەممە مومىلىرىڭىزمۇ كىرىدۇ.

قىزىڭىز دېگەندە ئۇنىڭغا سىزنىڭ نەۋرە-ئەۋرە قىزلىرىڭىز (ئوغلىڭىزنىڭ قىزى ۋە قىزىڭىزنىڭ قىزى) تۆۋەنگىچە ھەممە نەۋرە-چەۋرە قىزلىرىڭىزمۇ كىرىدۇ.

ئاچا-سىڭىللىرىڭىز مەيلى بىر قورساق ياكى ئاتا بىر ئانا باشقا ئاچا-سىڭىللىرىڭىز، ياكى ئانا بىر ئاتا باشقا ئاچا-سىڭىللىرىڭىز بولسۇن ھەممىسى ئاچا-سىڭىللىرىڭىز، ھەمشىرىلىرىڭىز ھېسابلىنىدۇ.

ئاتا تەرەپ ھامملىرىڭىزغا ئاتىڭىزنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى، يەنى ئۇنىڭ بىر قورساق ھەمشىرىلىرى؛ ئاتا بىر ئانا باشقا ھەمشىرىلىرى؛ ئانا بىر ئاتا باشقا ئاچا-سىڭىللىرىمۇ كىرىدۇ، يەنە ئۇلارغا بوۋىڭىز ۋە مومىڭىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ھەمشىرىلىرىمۇ كىرىدۇ.

ئانىڭىزنىڭ ئاچا-سىڭىلىرىغا يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئانا تەرەپ ھاممىلار، بۇنىڭغا مومىڭىز ۋە بوۋىڭىزنىڭ ئۈچ خىل ھەمشىرىلىرىمۇ كىرىدۇ.

جىيەن قىزلىرىڭىزغا ئۆز، ئۆگەي ۋە ئېمىلداش ئاكا-ئۇكىلىرىڭىزنىڭ ۋە ئاچا-سىڭىللىرىڭىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل تۈردىكى قىزلىرى، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ نەۋرە قىزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمشىرىلىرىمۇ كىرىدۇ.

ئىككىنچى تۈردىكى ئېمىلداشلىقتىن نىكاھلىنىش ھارام بولغان ئاياللارنىڭ تەپسىلاتى:

ئېمىلداشلىقتىنمۇ نەسەب جەھەتتىن ھارام بولغان بارلىق تۇغقانلار ھارام بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، نەسەب جەھەتتىن (نىكاھلىنىش) ھارام بولغان تۇغقانلار ئېمىلداشلىقتىنمۇ ھارام بولىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 2645-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1447-ھەدىس) يەنى ئېمىلداشلىقتىن ئىنىك ئانىڭىزنىڭ ئۆز قىزلىرى ۋە ئېمىتكەن قىزلىرى سىزنىڭ ھەمشىرىلىرىڭىزگە، ئۇ ئىنىكئانىڭىزنىڭ يولدىشى سىزنىڭ ئاتىڭىزغا، ئۇ ئەرنىڭ ھەمشىرىلىرى ۋە ئاكا-ئىنىلىرى

سىزنىڭ ھامما ۋە تاغىلىرىڭىزغا ئايلىنىدۇ. ئىنىكئانىنىڭ ھەمشىرىلىرى ۋە ئاكا-ئىنىلىرى سىزنىڭ ھامما ۋە تاغىلىرىڭىزغا ئايلىنىدۇ. ئەمما سۈت ئەمگۈچى بالىنىڭ ئۆز ھەمشىرىلىرى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئېمىلداشلىق سەۋەبىدىن ئىنىكئانىنىڭ باشقا بالىلىرىغا ھارام بولمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

سىزنى ئېمىتكەن ئىنىكئانىڭىز، يەنى سىز ئېمىش مۇددىتى بولغان دەسلەپكى ئىككى يىل ئىچىدە ئەمگەن ئىنىكئانىڭىز ۋە ئۇنىڭ ئانىسى.

ئېمىلداش ھەمشىرىڭىز، يەنى سىزنىڭ ئىنىكئانىڭىز ياكى ئۆز ئانىڭىز ئېمىتكەن قىز، مەيلى سىز بىلەن بىللە ئېمىتكەن بولسۇن ياكى سىزدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ئېمىتكەن بولسۇن ياكى سىزنىڭ ئۆز ھەمشىرىلىرىڭىز بىلەن بىللە ئېمىتكەن بولسۇن ئوخشاشلا ئېمىلداش ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر قىزنىڭ ئۆز ئانىسى ياكى ئىنىكئانىسى سىزنى ئېمىتكەن بولسا، بىر نەچچە قېتىم ھەر خىل ۋاقىتلاردا ئېمىتكەن بولسىمۇ، ئۇ قىز بىلەن نىكاھلىنىش ھارام بولىدۇ.

ئايالىڭىزنى ئەمگەن قىز.

ئىنىكئانىڭىزنىڭ ئېرىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى.

ئىنىكئانىڭىزنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى.

سىز بىلەن ئېمىلداش بولغان ئەر (ئېمىلداش ئاكا-ئۇكىڭىز)نىڭ قىزلىرى.

سىز بىلەن ئېمىلداش بولغان قىز (ئېمىلداش ئاچا-سىڭلىڭىز)نىڭ قىزلىرى.

ئۈچىنچى تۈردىكى نىكاھلىنىش ۋە كۈيئوغۇل بولۇش سەۋەبىدىن ھارام بولىدىغان ئاياللارنىڭ تەپسىلاتى:

بىر ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئانىسى يەنى قېيىن ئانا (بۇنىڭغا ئايالنىڭ چوڭ ئانىلىرىمۇ كىرىدۇ) ئەگەر ئەر بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ بولۇپ، بىر يەردە بولۇشتىن بۇرۇن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئايالنىڭ ئانىسى (قېيىن ئانا) ئۇ كىشىگە ھارام بولىدۇ. لېكىن بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، بىر يەردە بولماستىن تالاق قىلغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ قىزى بىلەن توي قىلسا، نىكاھ جايىز بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

ئىككى ھەمشىرىنى يەنى ئاچا-سىڭىلنى (مەيلى بىر تۇغقان بولسۇن ياكى ئېمىلدەش بولسۇن) بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىغا ئېلىش ھارامدۇر. ئەمما بىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ياكى بىرىنى تالاق قىلغان بولسا ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئىككىنچى ھەمشىرىسى بىلەن نىكاھلىنىش جايىزدۇر. شۇنىڭدەك بىر ئادەم تۆت ئايالدىن بىرىنى تالاق قىلسا، تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى توشمىغۇچە بەشىنچى ئايال بىلەن نىكاھلىنىشى جايىز بولمايدۇ.

﴿ رَبَآئِبُ﴾ «رَبِيْبَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بىر ئەرنىڭ ئايالنىڭ ئىلگىرىكى ئېرىدىن بولغان قىزىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ھاراملىقىنىڭ شەرتى شۇكى، ئەگەر ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن بىر جايدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلىنىش ھارام بولىدۇ. ئەگەر بىر يەردە بولمىغان بولسا، ھالال بولىدۇ.

﴿ فِىْ حُجُوْرِكُمْ﴾ ﴿ئۆيۈڭلاردا ئۆسكەن قىزلىرى﴾ بۇ ئومۇمەن شەرت دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئەمما ئايالنىڭ قىزى باشقا بىر ئۆيدە تەربىيلەنگەن، باشقا جايدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ئېلىش ھارام بولىدۇ.

﴿ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان ئوغۇللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾ دېگەن ھۆكۈمگە نەۋرە ئوغۇللارمۇ كىرىدۇ يەنى نەۋرە ئوغۇللارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشمۇ ھارام بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئېمىلداش ئوغۇللىرىنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشمۇ ھارام بولىدۇ.

بۇ ئايەتتىن ئۆز پۇشتىدىن بولمىغان يەنى بېقىۋالغان بالىلىرىنىڭ تالاق قىلغان ئاياللىرى ھارام ئەمەس دېگەن مەنە چىقىدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە ئەھزاب 37-ئايەتتىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

﴿ حَلَآئِلُ﴾ «حَلِيْلَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «حَلَّ، يَحِلُّ» (بىر يەرگە چۈشمەك، جايلاشماق، تۇرماق) دېگەن پېئىلدىن تۈرلىنىپ چىققان. «فَعِيْلَةٌ» ۋەزنىدە «فَاعِلَةٌ» مەنىسىدە كەلگەن سۆزدۇر. ئايال كىشىنىڭ «حَلِيْلَةٌ» «چۈشكۈچى، تۇرغۇچى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب ئايالنىڭ ئەر قەيەرگە چۈشسە، شۇ يەرگە چۈشىدىغانلىقى يەنى ئەر قەيەردە تۇرسا، شۇ يەردە تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ﮋ وَٱلْمُحْصَنَٰتُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُكُمْ ۖ كِتَٰبَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ ۚ وَأُحِلَّ لَكُم مَّا وَرَآءَ ذَٰلِكُمْ أَن تَبْتَغُوا۟ بِأَمْوَٰلِكُم مُّحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَٰفِحِينَ ۚ

ئېرى بار ئايالالارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى. پەقەت (ئەسىرگە چۈشۈپ، ئولجا دېدەك سۈپىتىدە) سىلەرنىڭ باشقۇرۇشۇڭلارغا ئۆتكەن ئېرى بار ئايالالار بۇنىڭدىن مۇستەسنا① . بۇ ئەھكاملارنى ئاللاھ سىلەرگە پەرز قىلىپ بەلگىلىدى، بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئايالالاردىن) باشقا ئايالالار سىلەرگە ھالال قىلىندى، (شەھۋەتنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس) زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن② ، ئۇلار بىلەن نىكاھلىشىنى تەلەپ قىلساڭلار، ئۆز مال-مۈلۈكۈڭلاردىن مەھرىنى بېرىپ تەلەپ قىلىڭلار.

① قۇرئان كەرىمدە " اِحْصَانٌ " تۆت خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەن: 1-تويى قىلىش، 2-ھۆر بولۇش، 3-ئىپپەتلىك بولۇش، 4-مۇسۇلمان بولۇش. بۇنىڭغا ئاساسەن ﴿ اَلْمُحْصَنٰتُ ﴾نىڭ تۆت خىل مەنىسى بولىدۇ: 1-ئەرلىك ئايالالار، 2-ھۆر ئايالالار، 3-ئىپپەتلىك پاك ئايالالار، 4-مۇسۇلمان ئايالالار. بۇ يەردە بىرىنچى مەنە مەقسەت قىلىنىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ئەۋتاس قەبىلىسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ئايالالارغا ئېرىشتۇق. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىر يەردە بولۇشنى توغرا كۆرمىدۇق. بىز (بۇ توغرۇلۇق) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان ئىدۇق، بۇ ئايەت چۈشتى. ئاندىن بىز بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ھالال قىلدۇق». (سەھىھ مۇسلىم 1456-ھەدىس) بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، جەڭدە قولغا چۈشكەن كاپىر ئايالالار مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندە، ئۇلارنىڭ دېدەكلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن بىر يەردە بولسا، جايىز بولىدۇ. ئەمما ھەممىدىن بۇرۇن رەھىمىنى تازىلاش زۆرۈردۇر. يەنى بىر ھەيزدىن كېيىن ياكى ھامىلدار بولسا، تۇغۇپ نىفاستىن پاك بولغاندىن كېيىن بىر تۆشەكتە بولسا بولىدۇ.

دېدەك مەسىلىسى: قۇرئان كەرىم چۈشۈۋاتقان چاغلاردا قۇل-دېدەكلەر

مەسلىسى ئومۇمىي مەسىلە بولۇپ، ئىسلام ئۇنى براقلا چەكلىمىگەن، بەلكى بۇ ئىشقا ھېكمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان. بۇ ئارقىلىق قۇل-دېدەكلەرنىڭ قۇللۇقتىن ئازات بولۇشىغا كۆپ ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئۇ دەۋردە قۇللۇقنىڭ ئىككى خىل يولى بار ئىدى. بىرىنچىسى، بەزى ئائىلىلەردە ئەسىرلەردىن بىرى ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى سېتىۋېتىدىغان ئادەت بار ئىدى، بۇ سېتىۋېلىنغان ئوغۇل-قىزلار قۇل-دېدەكلەر دەپ ئاتىلاتتى. ئىگىلىرىنىڭ ئۇلاردىن خالىغانچە پايدىلىنىش ھوقۇقى بولاتتى. ئىككىنچىسى، ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەر قۇل قىلىناتتى. كاپىرلاردىن ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىناتتى، ئۇ ئاياللار مۇسۇلمانلارغا دېدەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. ئايال ئەسىرلەر ئۈچۈنمۇ بۇ بىر ئەڭ ياخشى چىقىش يولى ئىدى. چۈنكى ئەگەر ئۇلار جەمئىيەتكە شۇنداقلا قويىۋېتىلىدىغان بولسا، جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىق كۆپ بولۇپ كېتەتتى. (بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن مەۋلانا سەئىد ئەھمەد ئابادىنىڭ «ئىسلامدىكى قۇللۇق» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن) ھەر ھالدا ئەرلىك مۇسۇلمان ئايال بىلەن نىكاھلىنىش ھارامدۇر. شۇنىڭدەك كاپىر ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشمۇ ھارامدۇر. ئەمما مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ، مۈلكىگە ئايلانغاندا، رەھىمنى پاكلىغاندىن كېيىن ھالال بولىدۇ.

② يەنى قۇرئان ۋە ھەدىستە نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان مەزكۇر ئاياللاردىن باشقا ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش تۆت شەرت بىلەن جايىزدۇر. بىرىنچى، «نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلساڭلار» يەنى ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولۇش ۋە قوبۇل قىلىش. ئىككىنچى، ئايالغا مەھرى ھەققى بېرىش. ئۈچىنچى، پەقەت شەھۋەتنى قاندۇرۇش غەرىزى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆمۈرلۈك ئۆي تۇتۇش مەقسىتىدە توي قىلىش (بەزى شىئە پىرقىسىگە ئوخشاش شەھۋەت نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن ياكى بىر نەچچە سائەتلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش زىناخورلارنىڭ قىلمىشىدۇر). تۆتىنچى، مەخپىي دوست-ئاشنا بولۇشماستىن، گۇۋاھچىلارنىڭ شاھىتلىقى بىلەن نىكاھلىنىش. بۇ تۆت شەرت مەزكۇر ئايەتتىن ئېلىنغاندۇر. بۇ ئايەت يەنە شىئەلەرنىڭ نەزىرىدىكى ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. بۇنىڭدىن يەنە ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال قىلىپ بېرىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋاقىتلىق نىكاھنىڭمۇ جايىز ئەمەسلىكىگە

دەلىل چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك ئۆي تۇتۇش مەقسەت قىلىنماي، ئالدىن ۋەدىلىشىپ، پەقەت بىر كېچىلىك نىكاھلىنىش ئارقىلىق ھالال قىلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

فَمَا ٱسْتَمْتَعْتُم بِهِۦ مِنْهُنَّ فَـَٔاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ فَرِيضَةًۚ وَلَا جُنَاحَ
عَلَيْكُمْ فِيمَا تَرَٰضَيْتُم بِهِۦ مِنۢ بَعْدِ ٱلْفَرِيضَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا
حَكِيمًا ﴿٢٤﴾ وَمَن لَّمْ يَسْتَطِعْ مِنكُمْ طَوْلًا أَن يَنكِحَ ٱلْمُحْصَنَٰتِ
ٱلْمُؤْمِنَٰتِ فَمِن مَّا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُكُم مِّن فَتَيَٰتِكُمُ ٱلْمُؤْمِنَٰتِۚ
وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِإِيمَٰنِكُمۚ بَعْضُكُم مِّنۢ بَعْضٍۚ فَٱنكِحُوهُنَّ بِإِذْنِ
أَهْلِهِنَّ وَءَاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ بِٱلْمَعْرُوفِ مُحْصَنَٰتٍ غَيْرَ مُسَٰفِحَٰتٍ
وَلَا مُتَّخِذَٰتِ أَخْدَانٍۚ فَإِذَآ أُحْصِنَّ فَإِنْ أَتَيْنَ بِفَٰحِشَةٍ فَعَلَيْهِنَّ
نِصْفُ مَا عَلَى ٱلْمُحْصَنَٰتِ مِنَ ٱلْعَذَابِۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَشِيَ ٱلْعَنَتَ
مِنكُمْۚ وَأَن تَصْبِرُوا۟ خَيْرٌ لَّكُمْۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٥﴾

***شۇڭا ئۇ ئاياللاردىن قايسىنى نىكاھلاپ ئىشلىتىپ پايدىلانساڭلار، ئۇنىڭغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىنى بېرىڭلار①، مەھرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، مەھرى توغرىسىدا ئۆزئارا پۈتۈشكەن بولساڭلار (يەنى ئايالىنىڭ رازىلىقى بىلەن كېمەيتىلگەن مەھرى ئۆچۈن) سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ②. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [24]. سىلەردىن ھۆر مۇئمىن ئاياللارنى ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىڭلاردىكى مۇئمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئېلىۋېرىڭلار، ئىچكى ئەھۋالىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار). سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر، شۇڭا ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار بولىدۇ③، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار. لېكىن، ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن***

***ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە بولۇشلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشىلىك قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ④. بۇ (يەنى چۆرىلەرنى نىكاھلاپ ئېلىش توغرىسىدىكى ھۆكۈم) ئاراڭلاردىكى زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. (چۆرىلەرنى ئالماي) سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر⑤ [25].***

① بۇ ئايەت مۆئمىنلەرگە: شەرىئەت كۆرسەتكەن قانۇن بويىچە ئاياللارنى نىكاھلاپ ئېلىپ پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا بېرىشكە بەلگىلەنگەن مەھرى ھەققىنى چوقۇم بېرىڭلار، دەپ خىتاب قىلىدۇ.

② بۇ ئايەتتە ئۆزئارا رازى بولۇشۇپ، مەھرى ھەققىنى كېمەيتىشكە بولىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

ئىزاھات: شىئەلەر بۇ ئايەتتىكى «پايدىلانساڭلار» دېگەن سۆزنى ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش (پايدىلىنىش نىكاھى)قا دەلىل كەلتۈرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى پايدىلىنىش نىكاھلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى مۇناسىۋەت ۋە پايدىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ۋاقىتلىق نىكاھ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدا جايىز بولغان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ جايىز بولۇشى بۇ ئايەتكە ئاساسەن بولماستىن بەلكى ئىسلامدىن ئىلگىرىكى داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆرپ-ئادەتكە ئاساسەن بولغان ئىدى، كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئوچۇق ئىبارە بىلەن ئۇنى قىيامەتكىچە ھارام قىلىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

③ بۇ ئايەت دېدەكنىڭ تويى ئىشلىرىغا ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ ئىگە ئىكەنلىكىنى، دېدەكنىڭ خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز تويى قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك قۇلنىڭ خوجايىنى قوشۇلمىغان ئەھۋالدا تويى قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

④ يەنى پاھىشىلىك قىلغان دېدەكلەرگە بېرىلىدىغان جازا شۇكى، ئۇلارغا يۈز قامچا ئۇرۇلماستىن، ئەللىك قامچە ئۇرۇلىدۇ، ئۇلار چالما-كېسەك قىلىنمايدۇ. چۈنكى يېرىم چالما-كېسەك قىلىش يوق، بۇ جازانى پارچىلىغىلى بولمايدۇ. تويى قىلمىغان دېدەكلەرگە تەزىر جازاسى

بېرىلىدۇ. (تەپسىلاتى ئۇچۇن تەپسىر ئىبنى كەسىرگە قارالسۇن)

⑤ يەنى نەپسىنى كونترول قىلالمايدىغان ۋە زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورقىدىغان كىشىلەرگە دېدەكلەر بىلەن نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر نەپسىنى كونترول قىلالايدىغان بولسا، بىرەر جەمەتلىك ھۆر ئايال بىلەن توي قىلغۇدەك شارائىتقا ئىگە بولغانغا قەدەر سەۋر قىلغىنى ئەۋزەلدۇر.

يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُبَيِّنَ لَكُمْ وَيَهْدِيَكُمْ سُنَنَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ
وَيَتُوبَ عَلَيْكُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٢٦﴾ وَٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يَتُوبَ
عَلَيْكُمْ وَيُرِيدُ ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلشَّهَوَٰتِ أَن تَمِيلُوا۟ مَيْلًا
عَظِيمًا ﴿٢٧﴾ يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمْ ۚ وَخُلِقَ ٱلْإِنسَٰنُ ضَعِيفًا ﴿٢٨﴾

*ئاللاھ سىلەرگە (ھالال ۋە ھارامغا دائىر ئەھكاملارنى) ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشنى، سىلەرنى سىلەردىن بۇرۇنقى (ياخشى)لارنىڭ يوللىرىغا باشلاشنى، (گۇناھلاردىن قىلغان) تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. ئاللاھ ھەممىنى (يەنى بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [26]. ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ (بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەكرارلاندى). ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار) بولسا سىلەرنىڭ توغرا يولدىن پۈتۈنلەي بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (يەنى ئۇنىڭدىن بەك يىراقلاپ كېتىشىڭلارنى) خالايدۇ① [27]. ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. (چۈنكى) ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان② [28]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر - بىرىڭلارنىڭ مال - مۈلۈكىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن③ يەۋالماڭلار،*

① ﴿ اَنْ تَمِيْلُوْا﴾ شەيتانغا ئەگىشىدىغانلار سىلەرنىڭ ھەقتىن باتىل تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ.

② مۇشۇ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ مەزكۇر گۇناھقا گىرىپتار بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كۆپ ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن، بۇ ئاسانلىقلارنىڭ بىرى دېدەكلەر بىلەن توي قىلىشتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى ئاجىزلىقنى ئاياللارنىڭ ئىشىغا كەلگەندىكى ئاجىزلىق دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئاياللارمۇ ئاجىز تۇرۇپ، ئەرلەرنى ئاسانلا ئالداپ كېتەلەيدۇ.

③ ﴿ بِالْبَاطِلِ ﴾ «ناھەق يول» دېگەنگە ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك ۋە كۆز بويامچىلىقتىن باشقا بارلىق شەرىئەت چەكلىگەن جىنايەتلەرمۇ كىرىدۇ. مەسىلەن: ئوغرىلىق، خىيانەت، بۇلاڭچىلىق، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىقلار... شۇنىڭدەك يەنە چەكلەنگەن ۋە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ تىجارىتىنى قىلىشمۇ «ناھەق يول» كاتىگورىيىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: زۆرۈرىيەتسىز سۈرەتكە چۈشۈش، مەزمۇنى شەرىئەتكە خىلاپ رادىئو-تېلېۋىزور پروگراممىلىرى، ۋىدىئو-فىلىم لېنتىلىرىنى ئىشلەش، سېتىش، نەشر قىلىش، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جايىز ئەمەستۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَكُم بَيۡنَكُم بِٱلۡبَٰطِلِ إِلَّآ
أَن تَكُونَ تِجَٰرَةً عَن تَرَاضٖ مِّنكُمۡۚ وَلَا تَقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ
كَانَ بِكُمۡ رَحِيمٗا ٢٩ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ عُدۡوَٰنٗا وَظُلۡمٗا فَسَوۡفَ
نُصۡلِيهِ نَارٗاۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ٣٠ إِن تَجۡتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا
تُنۡهَوۡنَ عَنۡهُ نُكَفِّرۡ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَنُدۡخِلۡكُم مُّدۡخَلٗا
كَرِيمٗا ٣١

***ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا①. سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار②، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە***

***ناھايىتى مېھرىباندۇر [29]. كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئاشۇ (چەكلەنگەن) ئىشلارنى قىلىدىكەن③، ئۇنى ئۇزاققا قالماي دوزاخقا كىرگۈزىمىز، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر [30]. ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار④، (كەرىمىمىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى (جەننەتتىن ئىبارەت) ئىززەت-ئىكرام ماكانىغا كىرگۈزىمىز [31].***

① ئۇنىڭمۇ شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ، ھالال نەرسىلەرنى ئېلىم-سېتىم قىلىشتۇر. چۈنكى، ھارام نەرسىلەرنى ھەر قانچە ئۆزئارا رازى بولۇشۇپ سودا-سېتىق قىلىشسىمۇ جايىز بولمايدۇ. مال سېتىلغان ئورۇندا تۇرۇپ مالنى ئېلىش-ئالماسلىق ياكى سېتىش-ساتماسلىق ئىختىيارىمۇ مەزكۇر ئۆزئارا رازى بولۇشۇشقا كىرىدۇ. ھەر كىمنىڭ مال سېتىلغان ئورۇندا تۇرۇپ، سودىنى بىكار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سودىلاشقان ئىككى كىشى (سودا قىلغان ئورۇندىن) قوزغالمىغان بولسىلا، ئۇلاردا (مالنى ئېلىش-ئالماسلىق ياكى سېتىش-ساتماسلىق) ئىختىيارى بولىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 2110-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1531-ھەدىس)

② يەنى ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى يەنە ھالاكەتكە سەۋەب بولىدىغان گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىڭلار. شۇنىڭدەك بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار بىر تەنگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر.

③ يەنى كىمكى چەكلەنگەن ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەددىدىن ئاشقان ۋە زۇلۇم سالغان ھالدا قىلىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز.

④ گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھلار)نى بەلگىلەشتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار: بەزى ئۆلىمالار شەرىئەتتە جازا كەلگەن گۇناھلارنى «چوڭ گۇناھلار» جۈملىسىدىن دەيدۇ. بەزىلەر قۇرئان-ھەدىستە قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلىنغان ياكى لەنەت قىلىنغان گۇناھلارنى «چوڭ گۇناھلار» دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ھارام دەپ چەكلىگەن گۇناھلارنى «چوڭ گۇناھلار» جۈملىسىدىن دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا

تىلغا ئېلىنغان گۇناھلارنىڭ ھەربىرى چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ھەدىسلەردە ھەر خىل چوڭ گۇناھلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۆلىمالار ئۇ گۇناھلارنى جەملەپ كىتابلارنى يازغان. مەسىلەن: ئىمام زەھەبىينىڭ «چوڭ گۇناھلار» دېگەن كىتابى، ئىمام ھەيتەمىينىڭ «گۇناھى كەبىرىلەردىن چەكلەش» دېگەن كىتابى قاتارلىقلار. بۇ يەردە مۇھىم بىر ئۇسۇل بايان قىلىنىدى، كىمكى چوڭ گۇناھلاردىن (مەسىلەن، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى نارازى قىلىش ۋە يالغانچىلىق قاتارلىقلاردىن) ئۆزىنى ساقلىسا، ئۇنىڭ كىچىك گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. سۈرە نەجمدىمۇ مۇشۇ نۇقتا بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە قەبىھ ئىشلاردىنمۇ يىراق تۇرۇش كىچىك گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر دەپ كۆرسىتىلەنگەن.

شۇنىڭدەك يەنە كىچىك گۇناھلارنى تاشلىماستىن داۋاملاشتۇرۇشمۇ ئۇلارنى چوڭ گۇناھلارغا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلام پەرز قىلغان ئەھكاملارنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى ئالدىدا قىلىشقا ئالدىراشمۇ زۆرۈردۇر. ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) شەرىئەتنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى ئوبدان چۈشەنگەن، شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كەچۈرۈم قىلىش ۋەدىسىگىلا يۆلىنىۋالماستىن، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئەمەل دەپتەرلىرىمىز قۇرۇق تۇرسىمۇ، خام خىيالنى كۆپ قىلىمىز.

وَلَا تَتَمَنَّوْاْ مَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بِهِۦ بَعْضَكُمْ عَلَىٰ بَعْضٍۚ لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ
مِّمَّا ٱكْتَسَبُواْۖ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ مِّمَّا ٱكْتَسَبْنَۚ وَسْـَٔلُواْ ٱللَّهَ مِن
فَضْلِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا ﴿٣٢﴾ وَلِكُلٍّ جَعَلْنَا مَوَٰلِيَ مِمَّا
تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَۚ وَٱلَّذِينَ عَقَدَتْ أَيْمَٰنُكُمْ فَـَٔاتُوهُمْ
نَصِيبَهُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدًا ﴿٣٣﴾

*(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان (يەنى شۇنىڭغا سەۋەب بولغان) نەرسىلەرنى ئارزۇ*

***قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار① (ئاللاھ بېرىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [32]. ئاتا - ئانىلار ۋە تۇغقانلار قالدۇرغان مىراسقا ۋارىس بولىدىغان ۋارىسلارنى بەلگىلىدۇق②، سىلەر بىلەن (ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا) ئەھدۇپەيمان (قەسەم) قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنى بېرىڭلار③. شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممە نەرسىنى بايقاپ تۇرغۇچىدۇر [33].***

① بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇممۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەرلەر جىھادقا قاتنىشىدۇ ۋە شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ، بىز جىھادقا قاتنىشالمايمىز ۋە مىراستا يېرىم ھەسسە ئالىمىز» دېگەندە ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان. (مۇسنەدى ئەھمەد 6-توم، 322-بەت)

بۇ ئايەتتىكى بۇيرۇقنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئەرلەرگە ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغان، ئۇلار شۇ كۈچىگە تايىنىپ جىھادمۇ قىلىدۇ، باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەرلەرگە ئاتا قىلغان خاس پەزلى ۋە مەرھەمىتىدۇر. ئاياللار بۇ ئارتۇقچىلىقلارنى كۆرۈپ، ئەرلەرگە خاس سالاھىيەتلەرنى ئارزۇ قىلماسلىقى لازىم. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئاكتىپ قاتنىشىشى لازىم، ئەلۋەتتە. ئۇلار بۇ ساھەدە قانداق بىر ئەمەلنى قىلسا، ئەرلەرگە ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرىمىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئەر-ئايالنىڭ ئارىسىدىكى كۈچ-قۇۋۋەت، ماھارەت ۋە ھوقۇق جەھەتتىكى پەرقلەر ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە كەسكىن قارارى بويىچە بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ. لېكىن ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ قۇدرىتى يەتكەن ئىشلارنى قىلىپ، ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسا، قۇدرىتى يەتمىگەنلىكتىن قىلالمىغان ئىشلارنىڭ ئورنى تولۇقلىنىدۇ.

② ﴿ مَوَالِيَ ﴾ بولسا "مولى"نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. "مولى"نىڭ دوست، ئازات قىلىنغان قۇل، تاغا، ئىگە، قوشنا قاتارلىق بىر نەچچە مەنىسى

بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ۋارىسلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، ھەربىر ئەر ۋە ئايال قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە باشقا يېقىن تۇغقانلىرى بولىدۇ.

③ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدىمۇ ياكى قالدۇرۇلمىدىمۇ؟ بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپ قىلىشقان. ئىبنى جەرىر تەبەرى ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىچە بۇ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان مۇھكەم ئايەتلەردىندۇر، ﴿أَيْمَانُكُمْ﴾ «ئەھدۇپەيمان» دېگەندە ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر بىر-بىرىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن تۈزگەن كېلىشىم ۋە ئەھدىنامىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ كېلىشىم ئىككى شەخس ياكى ئىككى قەبىلە ئارىسىدا بولاتتى، ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار شۇ كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ﴿نَصِيبَهُمْ﴾ «نېسىۋىسى» دېگەن ئۇلار مەزكۇر كېلىشىمگە رىئايە قىلىپ بىر-بىرىگە بېرىدىغان ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىش ھەققى ۋە نېسىۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما ئىبنى كەسىر ۋە باشقا مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇيەردىكى «ئەھدۇپەيمان» ھىجرەتتىن كېيىن ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن قېرىنداشلىق كېلىشىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كېلىشىم بويىچە بىر مۇھاجىر ئۆزى قېرىنداش بولغان ئەنسارىنىڭ مال-مۈلۈكىگە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئورنىدا ۋارىسلىق قىلاتتى، لېكىن بۇ شۇ چاغدىكى ۋاقىتلىق بىر نىزام ئىدى. كېيىن ﴿ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾. (سۈرە ئەنفال 75-ئايەت) دېگەن ئايەت چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەمدى ﴿سىلەر بىلەن (ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا) ئەھدۇپەيمان قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنى بېرىڭلار﴾ دېگەن ئايەتتىن دوستلۇق ۋە ياخشى كۆرۈش ئاساسىدا بىر-بىرىگە ياردەم قىلىش ھەم ۋەسىيەت ئارقىلىق بىر نەرسە بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇندىن كېيىن ئۆزئارا ياردەملىشىش كېلىشىمى، دوستلۇق كېلىشىمى ۋە قېرىنداشلىق كېلىشىمى ئاساسىدا مىراسخور بولۇش يوقتۇر. بەزى ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئايەت مۇنداق ئىككى كىشىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ ۋارىسى يوق، ۋارىسى يوق كىشى يەنە بىر كىشىگە: مەن سېنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭدا بولىمەن، ئەگەر مەن بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسام، ماڭا ياردەم قىلىسەن، ئەگەر ئۆلۈپ كېتىپ

قالسام، مېنىڭ دىيىتىم (تۆلەم) نى ئالسەن، دەپ ئۆزئارا كېلىشكەن. ئۇ ۋارىسى يوق كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مال-مۈلكىنى مەزكۇر كىشى ئالىدۇ، شەرت شۇكى، ئۇ كىشىنىڭ ھېچقانداق ۋارىسى يوق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىشى كېرەك.

بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىر مەنىسىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى «ئەھدۇ پەيمان قىلىشقان كىشىلەر» ئەر بىلەن ئايالنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى تۇغقانلارغا باغلىنىدۇ ۋە ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «ئاتا-ئانىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە سىلەر بىلەن ئەھدۇپەيمان قىلىشقانلار (يەنى ئەر ياكى ئايالى) قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر ئۈچۈن ھەقدار (يەنى ۋارىسلار) تەيىنلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەقدارلارغا نېسىۋىلىرىنى بېرىڭلار» دېگەن بولىدۇ.

دېمەك، ئىلگىرىكى مىراس ئايەتلىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان ھەسسە ۋە نېسىۋىلەر بۇ يەردە ئىخچاملىنىپ، ئۇلارنى ۋارىسلىرىغا تولۇق بېرىش تېخىمۇ تەكىتلەندى.

ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِ بِمَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بَعۡضَهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ وَبِمَآ أَنفَقُواْ مِنۡ أَمۡوَٰلِهِمۡۚ فَٱلصَّٰلِحَٰتُ قَٰنِتَٰتٌ حَٰفِظَٰتٞ لِّلۡغَيۡبِ بِمَا حَفِظَ ٱللَّهُۚ وَٱلَّٰتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَٱهۡجُرُوهُنَّ فِي ٱلۡمَضَاجِعِ وَٱضۡرِبُوهُنَّۖ فَإِنۡ أَطَعۡنَكُمۡ فَلَا تَبۡغُواْ عَلَيۡهِنَّ سَبِيلًاۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيّٗا كَبِيرٗا ﴿٣٤﴾

*ئەرلەر ئاياللارنى باشقۇرغۇچىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل - ماللىرىدىن (ئۇلارغا) سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر① (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر). ياخشى ئاياللار ئىتائەتمەن، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ ئاللاھنىڭ ساقلىشى بىلەن (ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى) ساقلايدىغان ئاياللاردۇر، ئۆزۈڭلارغا بويى ئەگمەسلىكىدىن (ئىبارەت) سىلەر ئەنسىرەيدىغان (ئىش كۆرۈلگەن) ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ*

*ئۇنــۇم بەرمســە) تۆشــەكلەردە يالغــۇز قويــۇڭلار، (بۇمــۇ ئۇنــۇم بەرمســە) ئۇلارنــى (جــازالاش يۈزىســدىن) ئــۇرۇڭلار. ئەگــەر ئــۇلار سىلەرگە ئىتائــەت قىلســا، ئۇلارغــا قارشــى باشــقا يــول ئىزدىمــەڭلار (يەنــى ئۇلارنــى بــوزەك قىلــش خىيالــدا بولمــاڭلار)② . شەكســىزكى، ئاللاھ ئۇستۇندۇر، بۈيۈكتۇر [34].*

① بــۇ ئايەتتــە ئەرلەرنــڭ ھاكىملىقى ۋە ھامىيلىقىنىــڭ ئىككى ســەۋەبى بايــان قىلىنــدى: بىرىنچــى ســەۋەبى ئاللاھ تائــالا تەرەپتــىن ئەرلەرگــە بېرىلگــەن تۇغمــا ئىقتىــدار، يەنــى ئەرلــەر ئۆزلىرىگــە بېرىلگــەن كۈچ-قــۇۋۋەت ۋە ئەقلــي ئىقتىــدار جەھەتتــە ئاياللاردىــن تەبىئىــي پەرقلىنىــپ تۇرىــدۇ. ئىككىنچــى سەۋەبى ئائىلىنىــڭ ئېھتىياجىنــى قامــداش مەسئۇلىيىتــى جەھەتتــن بولــۇپ، شــەرىئەت بــۇ مەسئۇلىيەتنى ئەرگــە يۈكلىگــەن. ئىســلام ئايالنىــڭ ئىپپــەت، شــەرم-ھايا ۋە ئىززەت-ئابرۇيىنــى قوغداشــنىڭ زۆرۈرلىكــى ھەمــدە ئۇنىــڭ تەبىئىــي ئاجىزلىقىنــى نــەزەردە تۇتــۇپ، ئۇنــى ئائىلىنــى قامــداش مەسئۇلىيىتىدىن ئــازات قىلغــان. بــۇ ئايــەت ئايــال كىشــىنى رەئىســلىككە سايلىســا بولمايدىغانلىقىنــى ئېنىــق كۆرســىتىپ بېرىــدۇ. بــۇ نۇقتىنــى كۆچلەندۈرىدىغــان ســەھىھۇل بۇخارىنىــڭ تۆۋەندىكى ھەدىســدە پەيغەمبــەر ئەلەيھىسسالام مۇنــداق دېگــەن: «ئۆزلىرىنىــڭ ئىشــلىرىنى ئايــال كىشــىگە تۇتقۇزغــان خەلــق ھەرگىزمــۇ نىجــات تاپالمايــدۇ». (ســەھىھۇل بۇخــارى 4425-ھەدىس ۋە 7099-ھەدىس)

② ئەگــەر ئايــال بويسۇنمىسا، بىرىنچــى بولــۇپ ئۇنىڭغــا ۋەز-نەســىھەت قىلىــش ۋە چۈشــەندۈرۈش. ئىككىنچــى قەدەمــدە، ۋاقىتىنچــە ئۇنىڭغــا يېقىنلاشماي تۆشــەكنى ئايرىــپ تــۇرۇش، ئاڭلىــق ئايــال ئۈچــۈن بــۇ ناھايىتــى چــوڭ بىــر ئاگاھلانــدۇرۇش ھېســابلىنىدۇ. ئەگــەر بۇنىڭدىمــۇ تۈزەلمىســە، يەڭگىــل ئــۇرۇشقا رۇخســەت بېرىلگــەن. ئەممــا زالىملاردەك ۋەھشىيلىشــىپ، قاتتىــق ئۇرماسلىــق كېــرەك. ئۇنــداق قىلىــش جاھىــل كىشــىلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئاللاھ ۋە رەسۇلى ھېچبىــر ئەرگــە بۇنــداق زۇلــۇم قىلىشــقا رۇخســەت قىلغــان ئەمــەس. ئەگــەر ئايــال تۈزەلســە، باشــقا يــول ئىزدىمــەڭلار، يەنــى ئۇرمــاڭلار، بىئــارام قىلمــاڭلار ياكى تــالاق قىلمــاڭلار. چۈنكــى، تــالاق ھېچقانــداق چــارە قالمىغــان ئەھۋالــدا قوللىنىدىغــان ئــەڭ ئاخىرقــى ئۇســۇلدۇر. ئەپسۇســكى، بــەزى ئەرلــەر يولســىزلىق قىلىــپ، بــۇ ھوقۇقنــى قالايمىقــان ئىشــلىتىدۇ، كىچىككىنــە بىــر ئىشــنى باھانــە قىلىــپ، ئالدىراپلا ئايالىنى تــالاق قىلىــپ،

ئۆزىنىڭ، ئائىلىسىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىدۇ.

وَإِنۡ خِفۡتُمۡ شِقَاقَ بَيۡنِهِمَا فَٱبۡعَثُواْ حَكَمٗا مِّنۡ أَهۡلِهِۦ وَحَكَمٗا مِّنۡ أَهۡلِهَآ إِن يُرِيدَآ إِصۡلَٰحٗا يُوَفِّقِ ٱللَّهُ بَيۡنَهُمَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا خَبِيرٗا ﴿٣٥﴾

*ئەگەر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرىسەڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار①، ئەگەر بۇ ئىككى كىشى بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى خالىسا، ئاللاھ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [35].*

① بۇ بولسا ئائىلىدە يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپنى ھەل قىلىشتىكى ئۈچىنچى باسقۇچتۇر. بۇ ھەقتە دېيىلىدىكى، ئەگەر ئىككى ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەپلەشتۈرۈشتە سەمىمىي بولسا، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئىجابىي نەتىجە بېرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئەھۋالدا، ئىككى ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ئەر-ئايالنى ئاجراشتۇرۇۋېتىش ھوقۇقى بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار، بەزىلەر ئىككى ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ قارارىنى ھاكىمنىڭ قارارى دەپ تونۇپ؛ ياكى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنى ئۆزلىرىنى ئاجراشتۇرۇشقا ۋەكىل قىلغان بولسا، دېگەن شەرتنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قارارى ئىجرا قىلىنىدۇ، دېدى. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار ئىككى ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ قارارى شەرتسىز كۈچكە ئىگە بولىدۇ، دېدى. (تەپسىلى مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن تەپسىر تەبەرى، فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىرگە قارالسۇن)

۞ وَٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُشۡرِكُواْ بِهِۦ شَيۡـٔٗاۖ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنٗا وَبِذِي

ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡجَارِ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡجَارِ ٱلۡجُنُبِ
وَٱلصَّاحِبِ بِٱلۡجَنۢبِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ
لَا يُحِبُّ مَن كَانَ مُخۡتَالٗا فَخُورًا ٣٦ ٱلَّذِينَ يَبۡخَلُونَ وَيَأۡمُرُونَ
ٱلنَّاسَ بِٱلۡبُخۡلِ وَيَكۡتُمُونَ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَأَعۡتَدۡنَا
لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ٣٧ وَٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُمۡ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ
وَلَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۗ وَمَن يَكُنِ ٱلشَّيۡطَٰنُ لَهُۥ
قَرِينٗا فَسَآءَ قَرِينٗا ٣٨

***ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - ئانىڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن (تۇغقان) قوشنىغا، يىراق (تۇغقان ئەمەس) قوشنىغا①، ياندىكى ھەمراھقا② (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق (ۋە ياخشى مۇئامىلە) قىلىڭلار③، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ④ [36]. ئۇلار (يەنى مۇتەكەببىرلەر، ماختانچاقلار پۇل - مالغا) بېخىللىق قىلىدىغان، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدىغان، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەنلىرىنى يوشۇرىدىغانلاردۇر. بىز (بۇنداق) كاپىرلار ئۈچۈن خارلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق [37]. ئۇلار پۇل -ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدىغانلاردۇر. كىمنىڭ ھەمراھى (دوستى) شەيتان بولىدىكەن (ئۇ شەيتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ)، شەيتان نېمىدېگەن يامان ھەمراھ⑤! [38]***

① ﴿الْجَارِ الْجُنُبِ﴾ تۇغقانچىلىقى يوق قوشنا بۇ يەردە ﴿الْجَارِ ذِى الْقُرْبٰى﴾ تۇغقانچىلىقى بار قوشنىنىڭ قارشىسىدا كەلتۈرۈلدى. دېمەك قوشنا مەيلى ئۇ تۇغقان بولسۇن ياكى تۇغقان بولمىسۇن، پەقەت قوشنا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ھەدىسلەردە كۆپ

تەكىتلەنمىدى.

② «يانىدىكى ھەمراھ» دېگەن سەپەردىكى ھەمراھ، ئىش-ئوقەتتىكى شېرىك، ئايالى، ساۋاقداش، ئۆزئارا پايدىلىنىش ۋە پايدا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە بىللە يۈرگەن ۋە تۇرغان سەپداشنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنىش ياكى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن سىز بىللە ئولتۇرغان كىشىلەرمۇ «يانىدىكى ھەمراھ» جۈملىسىگە كىرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ يۇنىڭغا ئۆي، دۇكان، شىركەت، زاۋۇت ۋە ئىدارىلەردە ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر، ھامماللار، چاكارلارمۇ كىرىدۇ. ھەدىسلەردە قول ئاستىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋە چاكارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

④ ماختانچاقلىق، مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق ئاللاھ تائالا قاتتىق يامان كۆرىدىغان سۈپەتلەردۇر. بىر ھەدىستە ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى مۇنداق بايان قىلىنغان: «كىمنىڭ قەلبىدە ئارپىنىڭ دانىسى مىقدارى كىبىر بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 91-ھەدىس) بۇ يەردە تەكەببۇرلۇقنىڭ ئالاھىدە ئەيىبلىنىشىدىكى مەقسەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەزكۇر كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە بۇنىڭغا قەلبىدە كىبرى بولمىغان كىشىنىڭلا ئەمەل قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر. تەكەببۇر ۋە ماختانچاق ئادەم ئىبادەتنىمۇ توغرا رەۋىشتە ئادا قىلالمىغانلىقى ئۈستىگە، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغىمۇ ۋە ناتونۇش كىشىلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلالمايدۇ.

⑤ بېخىللىق يەنى ئاللاھنىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلماسلىق ياكى سەرپ قىلسىمۇ رىياكارلىق بىلەن يەنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىللەتنى ئاللاھ تائالا قاتتىق يامان كۆرىدۇ. بۇ ئىككى ئىللەتنىڭ قۇرئان كەرىمدە كاپىرلارنىڭ سۈپىتى يەنە شەيتان ھەمراھى بولغانلارنىڭ، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈر-مەيدىغانلارنىڭ ئادىتى دېيىلگەنلىكى يېتەرلىكتۇر.

وَمَاذَا عَلَيْهِمْ لَوْ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقَهُمُ
ٱللَّهُۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِهِمْ عَلِيمًا ﴿٣٩﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍۖ وَإِن تَكُ

حَسَنَةً يُضَٰعِفۡهَا وَيُؤۡتِ مِن لَّدُنۡهُ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٤٠﴾ فَكَيۡفَ إِذَا
جِئۡنَا مِن كُلِّ أُمَّةِۭ بِشَهِيدٖ وَجِئۡنَا بِكَ عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ شَهِيدٗا ﴿٤١﴾

*ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتسا ۋە ئاللاھ ئۆزلىرىگە بەرگەن (پۇل ـ مال)نىڭ بىر قىسمىنى (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيىنى بولاتتى؟ ئاللاھ ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ (قىلمىشىغا قاراپ جازالايدۇ) [39]. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، (ئۇنىڭغا) ئۆز دەرگاھىدىن كاتتا ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ [40]. بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى پەيغەمبەر!) سېنى بۇلارغا گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئەھۋال قانداق بولار①؟ [41]*

① ھەربىر ئۈممەتتىن ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇۋاھلىق بېرىپ، ئى ئاللاھ، بىز سېنىڭ دەۋىتىڭنى قەۋمىمىزگە يەتكۈزدۇق، ئۇلار ئىمان ئېيتمىسا، بىزنىڭ ئامالىمىز يوقتۇر، دەيدۇ، ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ، ئى ئاللاھ، بۇلار راست ئېيتىدۇ، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ گۇۋاھلىقى ئۆزىگە نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭدا زۆرۈرىيەت بويىچە بايان قىلىنغان ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن بولىدۇ. ئۇ كۈن شۇنداق قاتتىق كۈن بولىدۇكى، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ يۈرەكنى تىترىتىدۇ. ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹(قۇرئان) ئوقۇپ بەر› دېدى. مەن: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! (قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىنغان تۇرسا، مەن ئۇنى ساڭا ئوقۇپ بېرەمدىمەن؟› دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ھەئە، شەكسىزكى مەن قۇرئاننى باشقا بىرسىدىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سۈرە نىسانى ئوقۇپ بېرىۋېتىپ، بۇ ئايەتكە كېلىۋېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹بولدى قىلغىن› دېدى، قارىسام ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى». (سەھىھۇل بۇخارى، 5050ـ ھەدىس) بەزى

كىشىلەر: ھەر نەرسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەملا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ﴿شَهِيدًا﴾ (گۇۋاھچى) دېگەننى «ھازىر-نازىر يەنى ھازىر بولغۇچى-ئىزچىل قاراپ تۇرغۇچى» دەپ خاتا تەرجىمە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ھازىر-نازىر» يەنى ھەر ۋاقىت ھەر جايدا كۆرۈپ تۇرغۇچى دەپ دەۋا قىلىدۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ھازىر-نازىر» دەپ ئېتىقاد قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتىگە شېرىك قىلغانلىق بولىدۇ، بۇ شېرىك قىلمىشتۇر. چۈنكى «ھازىر-نازىر» يەنى ھەر ۋاقىت ھەر جايدا كۆرۈپ تۇرۇش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا سۈپىتىدۇر. ﴿شَهِيدًا﴾ شاھىت، گۇۋاھچى دېگەن سۆزدىن بۇنداق دەلىل ئېلىش خاتادۇر. چۈنكى، ئىشەنچىلىك مەنبەدىن ھاسىل قىلغان ئىلىمگە ئاساسەنمۇ گۇۋاھلىق بېرىشكە بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر ۋە ھەقىقەتلەر ئەڭ ئىشەنچىلىكتۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئەڭ ئىشەنچىلىك مەنبەدۇر. مۇشۇ ئىشەنچىلىك ئىلىمغا ئاساسەن قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىمۇ ئىلگىركى ئۈممەتلەرگە شاھىت بولغۇچى دەپ ئاتىدى: ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَٰكُمۡ أُمَّةٗ وَسَطٗا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيۡكُمۡ شَهِيدٗا﴾ «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق». (سۈرە بەقەرە 143-ئايەت) ئەگەر گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن ھازىر ۋە نازىر بولۇش زۆرۈر بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۈممىتى مۇھەممەدىنىڭ ھەربىر ئادىمىنى ھازىر ۋە نازىر دەپ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ھازىر-نازىر» دەپ قاراش ئاساسى يوق شېرىك ئېتىقادتۇر. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن، ئامىن.

يَوۡمَئِذٖ يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَعَصَوُاْ ٱلرَّسُولَ لَوۡ تُسَوَّىٰ بِهِمُ ٱلۡأَرۡضُ
وَلَا يَكۡتُمُونَ ٱللَّهَ حَدِيثٗا ﴿٤٢﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقۡرَبُواْ
ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنتُمۡ سُكَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَعۡلَمُواْ مَا تَقُولُونَ وَلَا جُنُبًا إِلَّا
عَابِرِي سَبِيلٍ حَتَّىٰ تَغۡتَسِلُواْۚ وَإِن كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوۡ

جَـآءَ أَحَـدٌ مِّنكُـم مِّـنَ ٱلْغَآئِـطِ أَوْ لَٰمَسْـتُمُ ٱلنِّسَـآءَ فَلَـمْ تَجِـدُواْ
مَـآءً فَتَيَمَّمُـواْ صَعِيـدًا طَيِّبًـا فَٱمْسَـحُواْ بِوُجُوهِكُـمْ وَأَيْدِيكُـمْۗ إِنَّ
ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا غَفُورًا ﴿٤٣﴾

*كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغان ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەنلىكتىن) ئۆزلىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلىشىنى (يەنى يەرگە كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ، ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ [42]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مەست بولۇپ قالغاندا، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگۈدەك بولغۇچە①، جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا، غۇسلى قىلمىغۇچە② نامازغا (ۋە مەسجىدكە) يېقىنلاشماڭلار، (مەسجىدنىڭ ھويلىسىدىن) ئۆتۈپ كېتىدىغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا③، ئەگەر (سۇ زىيان قىلىدىغان) كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا ئۇرۇلغان قولۇڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى ۋە قولۇڭلارنى سىلاپ تەيەممۇم قىلىڭلار④. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر) [43].*

① بۇ ھۆكۈم ھاراق تېخى ھارام قىلىنمىغان ۋاقىتتا چۈشكەن ئىدى. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاماق تەييارلاپ بىزنى چاقىردى، ئۇ بىزگە ھاراق قۇيدى، ناماز ۋاقتى بولغاندا ئۇلار مېنى (ئىماملىققا) ئالدىغا چىقاردى، مەن سۈرە كافىرۇننى ئوقۇماقچى بولۇپ ئېلىشىپ كېتىپ: ‹ئى كاپىرلار سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن ۋە سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا بىز چوقۇنىمىز› دەپ ئوقۇپ قالدىم، ئاندىن ئاللاھ تائالا «مەست ھالەتتە نامازغا يېقىنلاشماڭلار» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سۈنەنى تىرمىزىدىكى سۈرە نىسا تەپسىرىگە قارالسۇن)

يەنى ئۇ چاغدا ناماز ۋاقتىدىن ئىلگىرى ھاراق ئىچىش چەكلەنگەن ئىدى، پۈتۈنلەي چەكلەپ ھارام قىلغان ھۆكۈم كېيىن چۈشكەن. (بۇ ھاراق ھەققىدە كەلگەن شەرتلىك ئىككىنچى ھۆكۈمدۇر)

② يەنى ناپاك ھالەتتىمۇ ناماز ئوقۇماڭلار. چۈنكى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش (پاك بولۇش) لازىمدۇر.

③ ئۇنىڭ مەنىسى) بەزىلەر دېگەندەك) سەپەردە ئەگەر سۇ تاپالمىسا، جۇنۇب ھالەتتە بولسىمۇ، ناماز ئوقۇڭلار، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈردۇ: جۇنۇب بولغان ھالەتتە مەسجىدتە ئولتۇرماڭلار، ئەگەر جۇنۇب ھالەتتە مەسجىدنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، كېسىپ ئۆتسەڭلار بولىدۇ. بەزى ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرى پەيغەمبەر مەسجىدىگە يانداش سېلىنغان بولغاچقا، ھەرھالەتتە ئۇنىڭ ئىچىدىن كېسىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالاتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، كېسىپ ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىندى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئەمما مۇساپىرغا ئالاقىدار ئەھكاملار كېيىنرەك كېلىدۇ.

④ بۇ يەردە تۆت خىل كىشىلەرگە تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى: **1**-سۇ ئىشلەتسە، سۇنىڭ زىيان قىلىشىدىن ياكى كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن قورقىدىغان بىمار. **2**-ھەرقانداق بىر مۇساپىر، مەيلى ئۇزۇن سەپەردە ياكى قىسقا سەپەردە بولسۇن، سۇ تاپالمىسا، تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ. سۇ تېپىلمىغان ئەھۋالدا مۇساپىر ئەمەس ئادەمنىڭمۇ تەيەممۇم قىلىشى جايىزدۇر، ئەمما بىمارلار ۋە مۇساپىرلار بۇنداق ئەھۋاللارغا كۆپ يولۇقىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا بېرىلگەن رۇخسەت بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى. **3**-ھاجەت قىلغان كىشى. **4**-ئايالى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان كىشى. بۇلار سۇ تاپالماي قالسا، تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. تەيەممۇم قىلىشنىڭ ئۇسۇلى: ئىككى قولنى بىر قېتىم يەرگە ئۇرۇپ، بېغىشقىچە سىلاش) جەينەككىچە سىلاش زۆرۈر ئەمەس)، ئاندىن يۈزنى بىر قېتىم سىلاش. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى قولنى ۋە يۈزنى سىلاش ئۈچۈن (قولنى يەرگە) بىر قېتىم ئۇرسىلا كۇپايە» دېدى. (مۇسنەدى ئەھمەد، **4**-توم، **263**-ھەدىس) ئايەتتىكى ﴿صَعِيدًا طَيِّبًا﴾ دېگەندە زېمىندىن چىققان ھەر قانداق نەرسە ئەمەس، بەلكى «پاك تۇپراق» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ نۇقتىنى ھەدىس شېرىپ تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ: «سۇ تاپالمىغان چېغىمىزدا تۇپراق بىزگە

پاكىزلىغۇچى (پاكىزلىق ۋاستىسى) قىلىندى». (سەھىھ مۇسلىم، 522-ھەدىس)

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ يَشْتَرُونَ ٱلضَّلَٰلَةَ
وَيُرِيدُونَ أَن تَضِلُّواْ ٱلسَّبِيلَ ٤٤ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِأَعْدَآئِكُمْ ۚ وَكَفَىٰ
بِٱللَّهِ وَلِيًّا وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ نَصِيرًا ٤٥ مِّنَ ٱلَّذِينَ هَادُواْ يُحَرِّفُونَ
ٱلْكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِۦ وَيَقُولُونَ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا وَٱسْمَعْ غَيْرَ
مُسْمَعٍ وَرَٰعِنَا لَيًّۢا بِأَلْسِنَتِهِمْ وَطَعْنًا فِى ٱلدِّينِ ۚ وَلَوْ أَنَّهُمْ قَالُواْ
سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَٱسْمَعْ وَٱنظُرْنَا لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَقْوَمَ وَلَٰكِن
لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفْرِهِمْ فَلَا يُؤْمِنُونَ إِلَّا قَلِيلًا ٤٦

***(ئى پەيغەمبەر!) كىتابتىن (يەنى تەۋراتتىن) نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىي موللىلىرى)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار گۇمراھلىقنى سېتىۋالىدۇ ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ [44]. ئاللاھ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى قوغداشقا يېتەرلىكتۇر ۋە سىلەرگە مەدەتكار بولۇشقا يېتەرلىكتۇر (يەنى سىلەرنى يەھۇدىيلارنىڭ مىكرىدىن ساقلاشقا ئاللاھ كۇپايىدۇر) [45]. يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار: «(سۆزۈڭنى) ئاڭلىدۇق، (ئەمرىڭگە) بويسۇنمىدۇق، سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن، سېنىڭ سۆزۈڭ ئاڭلىتىلمىسۇن» دەيدۇ[1]، دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن، «رائىنا» دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى-بۈگرى قىلىپ ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇلار (يۇقىرىقى سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا): «ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق، بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغىن، ئۇنىزۇرنا (بىزگە قاراپ قويساڭكەن)» دېگەن بولسا، ئۇلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ توغرا بولاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ[2] [46].***

① يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىدىن يەنە بىر يامانلىق شۇ ئىدىكى، ئۇلار «ئاڭلىدۇق» دېگەندىن كېيىنلا لېكىن «بويسۇنمىدۇق» بويسۇنمايمىز يەنى ئەمەل قىلمايمىز، دەيتتى. ئۇلار بۇ سۆزنى ئىچىدە ياكى ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىنى قىسىشىپ، ئېغىزلىرىنى پورۇشتۇرۇپ دەيتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ: «سېنىڭ سۆزۈڭ ئاڭلىتىلمىسۇن» دېگەنلىكى «سۆزۈڭ قوبۇل قىلىنمىسۇن» دەپ دۇئايىبەت قىلغانلىقى ئىدى. («رائىنا» ۋە «ئۇنزۇرنا» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى سۈرە بەقەرە 104-ئايەتنىڭ شەرھىسىدە بايان قىلىندى)

② يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقانلار ناھايىتى ئازدۇر. يۇقىرىدە بايان قىلىنغاندەك يەھۇدىيلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ سانى ئونغىمۇ بارمايتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار ناھايىتى ئاز نەرسىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ھەممىگە تولۇق ئىمان كەلتۈرمىگۈچە ئىمان پايدىلىق (يەنى تەلەپكە لايىق) بولمايدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَـٰبَ ءَامِنُواْ بِمَا نَزَّلْنَا مُصَدِّقًا لِّمَا
مَعَكُم مِّن قَبْلِ أَن نَّطْمِسَ وُجُوهًا فَنَرُدَّهَا عَلَىٰٓ أَدْبَارِهَآ أَوْ
نَلْعَنَهُمْ كَمَا لَعَنَّآ أَصْحَـٰبَ ٱلسَّبْتِ ۚ وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ مَفْعُولًا ﴿٤٧﴾ إِنَّ
ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَمَن
يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱفْتَرَىٰٓ إِثْمًا عَظِيمًا ﴿٤٨﴾ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ
يُزَكُّونَ أَنفُسَهُم ۚ بَلِ ٱللَّهُ يُزَكِّى مَن يَشَآءُ وَلَا يُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٤٩﴾

*ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! (يەنى يەھۇدىيلار) بىز نۇرغۇن يۈزلەرنى ئۆزگەرتىپ ئارقىسىغا قىلىپ قويۇشىمىزدىن (يەنى يۈزدىكى بۇرۇن، كۆز، قاش قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئۆز جايلىرىدىن يوق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارقا تەرەپكە پەيدا قىلىپ قويۇشىمىزدىن، سۈرەتلىرىنى مۇبەددەل قىلىشىمىزدىن) ئىلگىرى① ياكى ئۇلارغا شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىشىمىزدىن ئىلگىرى②، بىز ئۆزۈڭلاردىكى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تەستىقلايدىغان قىلىپ نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى*

*قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار (بولمىسا يۈقىرىقى ئىككى بالانىڭ بىرىگە ئۇچرايسىلەر)، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىن ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن (يەنى ئاللاھ بىرەر ئىشقا ئەمر قىلسا، ئۇ ئىش چوقۇم بولماي قالمايدۇ)③ [47]. ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى قەتئىي مەغپىرەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئۆزى خالىغان ئادەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىدۇ④. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، (ئاللاھقا بوھتان چاپلىغانلىقتىن ئىبارەت) چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ⑤ [48]. ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارايدىغانلار (يەنى ئۆزلىرىنى تەقۋادارلىق بىلەن مەدھىيىلەيدىغانلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس)، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ⑥ [49].*

① يەنى ئەگەر ئاللاھ خالىسا قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلى سىلەرگە مۇشۇنداق جازا بېرىشكە قادىردۇر.

② بۇ ۋەقە سۈرە ئەئرافتا كېلىدۇ، يۇقىرىدا ئازراق ئىشارە قىلىپ ئۆتتۇق، يەنى سىلەرمۇ ئۇلاردەك مەلئۇن بولۇپ، لەنەتكە دۇچار بولىسىلەر.

③ ئەگەر ئاللاھ بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، ئۇنىڭغا ھېچكىم نە قارشى چىقالمايدۇ، نە ئۇنى توختىتالمايدۇ.

④ يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلارغا مۇئمىن تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، جازالىماستىن ئۇ گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدۇ. بەزى گۇناھكارلارنى مەلۇم مۇددەت جازالىغاندىن كېيىن، بەزىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ. لېكىن شېرىك كەلتۈرگەن گۇناھنى ھەرگىز ئەپۇ قىلمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارغا جەننەتنى ھارام قىلغان.

⑤ يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا ﴿شېرىك ناھايىتى چوڭ زۇلۇمدۇر﴾ دېگەن. (سۈرە لوقمان، 13-ئايەت) ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش» دېگەن. (سۇنەنى تىرمىزى، 3020-ھەدىس)

⑥ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ھەممىدىن پاك دەپ قارايتتى. مەسىلەن: ئۇلار

ماختىنىپ، «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا-بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز ئاللاھنىڭ دىنىدا بولغاچقا) ئۇنىڭ دوستلىرىدۇرمىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلاتتى. بۇ ئايەتتە ئۇلارغا رەددىيە بېرىلدى، پاكلاش ھوقۇقىمۇ ئاللاھ تائالاغا خاستۇر يەنە كىمنىڭ پاكلىقىنىمۇ ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ﴿ فَتِيلًا ﴾ دېگەن خورمىنىڭ ئۇرۇقىدىكى قىلدەك يىپنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا شۇ قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ.

ٱنظُرۡ كَيۡفَ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَۖ وَكَفَىٰ بِهِۦٓ إِثۡمٗا مُّبِينًا ﴿٥٠﴾
أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبٗا مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡجِبۡتِ
وَٱلطَّٰغُوتِ وَيَقُولُونَ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ هَٰٓؤُلَآءِ أَهۡدَىٰ مِنَ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ سَبِيلًا ﴿٥١﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن قانداق يالغاننى توقۇۋاتقانلىقىغا قارىغىن!① بۇ (قىلمىش) ئوپئوچۇق گۇناھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر② [50]. كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا (سېھىرگە، كاھىنغا) ۋە تاغۇتقا (باتىل مەبۇدقا) ئىشىنىدۇ، كاپىرلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى)نىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن بەكرەك توغرىدۇر» دەيدۇ③ [51].***

① يەنى ئۆزلىرىنى پاك دەپ دەۋا قىلىپ، ئاللاھقا تۆھمەت چاپلىغانلىقلىرىغا قارىغىن!

② ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى پاك دەپ دەۋا قىلىشى ئۇلارنىڭ ئوپئوچۇق يالغانچىلىقى ۋە تۆھمەتچىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە يېتەرلىكتۇر. قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەت ۋە ئۇنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەر كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى ماختاشلىرى، خۇسۇسەن پاك دەپ دەۋا قىلىشلىرىنىڭ جايىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇقتا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ﴾. (سۈرە نەجم 32-ئايەت)

ھەدىستە مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەدھىيىچىلەرنى (مەدداھلارنى) كۆرسەڭلار يۈزلىرىگە توپا چېچىڭلار» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم 3002-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىس ئەبۇ بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېرىندىشىنى بەكلا ماختاپ مەدھىيىلىگەن كىشىگە: «ۋاي ساڭا، سەن قېرىندىشىڭنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلىدىڭ يەنى ئۇنى بوغۇزلىغاندەك بولدۇڭ، بىرىڭلار قېرىندىشىنى ماختىماي زادى ئامال بولماي مەدھىيىلىمەكچى بولسا، مەن ئۇنى شۇنداقمىكى دەپ ئويلايمەن، دېسۇن، ئاللاھقا ھېچكىمنىڭ پاكلىقىنى بايان قىلمىسۇن.» دېگەن ئىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 2662-ۋە 6061-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 3000-ھەدىس)

③ بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ يەنە بىر قىلمىشىغا قارىتا ئەجەبلىنىش ئىزھار قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەھلى كىتاب بولۇپ تۇرۇپمۇ، ﴿الْجِبْتِ﴾ جىبتكە (بۇتقا، كاھىنغا، سېھىرگەرگە) ۋە ﴿الطَّاغُوتِ﴾ تاغۇتقا (باتىل مەبۇدلارغا) ئىشىنىدۇ. يەنە ئۇلار مەككە كاپىرلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا بەكرەك ھىدايەت تاپقانلار دەپ قارايدۇ. ﴿الْجِبْتِ﴾نىڭ مەزكۇر مەنىلىرىدىن باشقا يەنە ھەدىستە مۇنداق مەنىلىرى كەلگەن: "العِيَافَةُ وَالطِّيَرَةُ وَالطَّرْقُ مِنَ الْجِبْتِ" «قۇش ئۇچۇرۇپ، سىزىق سىزىپ، شۇم پال ئېلىش جىبتنىڭ جۈملىسىدىن يەنى شېرىكتىندۇر» (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 3907-ھەدىس) يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيتانىي ئەمەلدۇر. بۇنداق ئىشلار يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدى. ﴿الطَّاغُوتِ﴾ «تاغۇت»نىڭ يەنە بىر مەنىسى ئىنسان سۈرىتىدىكى شەيتان دېمەكتۇر، ئەسلىدە باتىل مەبۇتلارغا ئىبادەت قىلىش شەيتانغا ئەگەشكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا شەيتانمۇ مۇقەررەر تاغۇت دېگەن مەنىگە كىرىدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُۖ وَمَن يَلۡعَنِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ نَصِيرًا ﴿٥٢﴾
أَمۡ لَهُمۡ نَصِيبٞ مِّنَ ٱلۡمُلۡكِ فَإِذٗا لَّا يُؤۡتُونَ ٱلنَّاسَ نَقِيرًا ﴿٥٣﴾ أَمۡ
يَحۡسُدُونَ ٱلنَّاسَ عَلَىٰ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۖ فَقَدۡ ءَاتَيۡنَآ ءَالَ
إِبۡرَٰهِيمَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَءَاتَيۡنَٰهُم مُّلۡكًا عَظِيمٗا ﴿٥٤﴾ فَمِنۡهُم مَّنۡ
ءَامَنَ بِهِۦ وَمِنۡهُم مَّن صَدَّ عَنۡهُۚ وَكَفَىٰ بِجَهَنَّمَ سَعِيرًا ﴿٥٥﴾

*ئەنە شۇلار ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسا، ئۇنىڭغا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن.[52] ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ (ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق) ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، (زىيادە بېخىللىقتىن) ئۇلار كىشىلەرگە بىر خورمىنىڭ ئۇرۇقىدىكى چېكىتچە نەرسىنىمۇ بەرمەيدۇ① [53] ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟② بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئائىلىسىگە كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق [54]. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)نىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى كىتابقا) ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرمۇ بار③، (يۈز ئۆرۈگەنلەرگە) جەھەننەمنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى يېتەرلىكتۇر [55].*

① بۇ ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كەلگەن سوئال جۈملىدۇر. يەنى پادىشاھلىقتا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق، ئەگەر كىچىككىنە نېسىۋىسى بولغان بولسا، بۇ يەھۇدىيلار كىشىلەرگە خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خورمىنىڭ ئۇرۇقىدىكى چېكىتتەك نەرسىنىمۇ بەرمەيدۇ. ﴿نَقِيْرًا﴾ خورمىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېكىتنى كۆرسىتىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② ﴿اَمْ﴾ بەلكى دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ، يەنى بەلكى ئۇلار، نېمىشقا ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى قويۇپ، پەيغەمبەرنى (يەنى ئاخىرقى پەيغەمبەرنى) (باشقىلارنىڭ ئىچىدىن چىقىرىدۇ؟ دەپ ھەسەت قىلىشىدۇ. پەيغەمبەرلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ پەزلى-كەرىمى بولۇپ، ئۇنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ.

③ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى ۋە جەمەتى بولغان بەنى ئىسرائىلغا بىز پەيغەمبەرلىك، پادىشاھلىق ۋە سەلتەنەت ئاتا قىلدۇق. شۇنداق تۇرۇپمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىمان ئېيتتى، بەزىلىرى ئىماندىن يۈز ئۆرۈدى. دېمەك، ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇلار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە

ئىمان ئېيتمىسا، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئۇلارنىڭ تارىخى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش بىلەن تولۇپ كەتكەن، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەمەتىدىن بولغان پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئىمان كەلتۈرمىگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿آمَنَ بِهِ﴾ دىكى «ھ» ئۇچىنچى شەخس ئالماش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. يەنى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ بەزىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتتى، بەزىسى ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇ پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَـٰتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُم بَدَّلْنَـٰهُمْ جُلُودًا غَيْرَهَا لِيَذُوقُواْ ٱلْعَذَابَ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿٥٦﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ لَّهُمْ فِيهَآ أَزْوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ ۖ وَنُدْخِلُهُمْ ظِلًّا ظَلِيلًا ﴿٥٧﴾

***بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى چوقۇم دوزاخقا كىرگۈزىمىز①، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ كەتكەن چاغدا ئازابنى تېتىپ تۇرسۇن ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرىلەر يەڭگۈشلەپ تۇرىمىز②. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [56]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى③ يېقىندا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىغا (يەنى مۆكەممەل راھەتكە) داخىل قىلىمىز④ [57].***

① يەنى دوزاخقا ئەھلى كىتابتىن پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلارلا ئەمەس، بەلكى باشقا بارلىق كاپىرلارمۇ كىرىدۇ.

② بۇ دوزاختىكى ئازابنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئىزچىل داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ بايانىدۇر. ساھابە كىراملاردىن نەقىل قىلىنغان بەزى ئەسەرلەردە مۇنداق كەلگەن: «جەھەننەمدىكىلەرنىڭ تېرىلىرى كۈندە يىگىرمە

قىتىمدىن يۈزمىڭ قىتىمغىچە يەڭگۈشلىنىپ تۇرىدۇ». ئىمام ئەھمەد مۇسنەدتە مۇنداق رىۋايەتنى كەلتۈرگەن: «دوزىخى دوزاختا تاشلانغاندا شۇ قەدەر چوڭايتىلىدۇكى، قۇلىقى بىلەن گەردىنىنىڭ ئارىلىقى يەتمىش يىللىق مۇساپىدەك بولىدۇ، ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى يەتمىش گەز، ساقىلى ئۇھۇد تېغىدەك چوڭ بولىدۇ».

③ كاپىرلارغا بېرىلگەن ئازابنىڭ قارشىسىدا ئەمدى مۇئمىنلەرگە بېرىلىدىغان مەڭگۈلۈك نېمەتلەر بايان قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەن كىشىلەردۇر (ئاللاھ بىزنى ئۇلاردىن قىلسۇن). ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنى بىرگە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قازان بىلەن چۆمۈچنىڭ مۇناسىۋىتىدەك يېقىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئىمان بولۇپ، ياخشى ئەمەل بولمىسا، ئۇ ئىمان خۇددى پۇرىقى يوق گۈلگە، مېۋىسى يوق دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ. ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ۋە ئاشۇ ياخشى دەۋرلەردە ياشىغان مۇسۇلمانلار بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىماننىڭ مېۋىسى بولغان ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولغان ئىدى، ئۇ دەۋردە ھېچقانداق ياخشى ئەمەل قىلمىغانلاردا ئىمان بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنمايتتى. شۇنىڭدەك ئەگەر بىر شەخس ياخشى ئەمەللەر قاتارىدىن سانىلىدىغان ئىشلارنى (مەسىلەن: راستچىل بولۇش، ئىشەنچلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش، غەمگۇزار بولۇش، نامراتلارغا ياردەم قىلىش دېگەندەك پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى) قىلسا، ئەمما ئىمان نېمىتىدىن مەھرۇم قالغان بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئەمەللەرنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ، يەنى ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلدۇرىدىغان ئۇل-ئاساس يەنى ئىمان يوق. ئەلۋەتتە، ئۇ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك دۇنيادا نام-شۆھرەت ۋە ئىززەت-ئابرۇيغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىشلارنى پەقەت دۇنيالىق مەنپەئەت، مىللىي ئەنئەنە ۋەياكى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت ئاساسىدا قىلغان.

④ دائىرىسى كەڭ، قويۇق، ئوبدان ۋە پاكىز سايە تەرجىمىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «مەڭگۈلۈك سايە (مۇكەممەل راھەت)» دەپ ئىپادىلەندى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، جەننەتتە مەڭگۈلۈك دەرەخ دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەخ بار، ئۇنىڭ سايىسىدا

بىر ئۇلاغلىق كىشى يۈز يىل ماڭسىمۇ، كېسىپ ئۆتەلمەيدۇ». (مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 455-بەت ۋە سەھىھۇل بۇخارى 3251-ھەدىس)

إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُكُمۡ أَن تُؤَدُّواْ ٱلۡأَمَٰنَٰتِ إِلَىٰٓ أَهۡلِهَا وَإِذَا حَكَمۡتُم بَيۡنَ ٱلنَّاسِ أَن تَحۡكُمُواْ بِٱلۡعَدۡلِۚ إِنَّ ٱللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم بِهِۦٓۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ سَمِيعَۢا بَصِيرٗا ﴿٥٨﴾

***شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا①، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىشقا② بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى!③ شەكسىزكى، ئاللاھ (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [58].***

① كۆپىنچە مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەت ئوسمان ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدا چۈشكەن. ئۇنىڭ جەمەتى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كەبىنىڭ دەرۋازىسى ۋە ئاچقۇچلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. مەككە فەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىگە كىردى، تاۋاپ ۋە نامازدىن كېيىن ئوسمان ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يېنىغا چاقىردى، ئۇ ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان چاغدىلا مۇسۇلمان بولۇپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا كەبىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ: «ئاچقۇچلىرىڭنى ئالغىن، بۈگۈن ئامانەتلەر ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغان ۋە ياخشىلىق قىلىدىغان كۈندۇر» دېدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) گەرچە ئايەتنىڭ بۇ چۈشۈش سەۋەبى خاس بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى ئومۇمىيدۇر. بۇ ئايەت ئاۋامغا ۋە ھاكىملارغا ئومۇمىي خىتاب قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلغاندۇر. بۇ يەردىكى ئامانەت ئىككى خىل ئامانەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە قويغان ئامانەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماسلىق، تەلەپ قىلغاندا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئىككىنچى، ھوقۇق ۋە مەنسەپلەر ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە بېرىلىشى كېرەك، نوقۇل سىياسىي غەرەز ياكى ۋەتەنداش بولغانلىقنى

نــەزەردە تۇتــۇپ ياكــى جەمــەت ۋە تۇغقاندارچىلــىق مۇناســىۋىتىگە ئاساســەن ياكــى نورمــا سىســتىمى بويىچــە ھوقۇق-مەنســەپ بىرىــش ئايەتنىــڭ ھۆكمىگە خىلاپتۇر.

② بــۇ ئايەتتــە خۇسۇســەن ھاكىمــلار ئادىــل ھۆكــۈم قىلىشــقا بۇيرۇلــدى. بىــر ھەدىســتە پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالام مۇنــداق دېگــەن: «ھاكىــم زۇلــۇم قىلمىســىلا ئاللاھ تائــالا ئۇنىــڭ بىلــەن بىللىــدۇر، ئەگــەر ئــۇ زۇلــۇم قىلىشــقا باشلىســا، ئاللاھ تائــالا ئۇنــى ئــۆز نەپســىگە تاشــلاپ قويىــدۇ». (ســۈنەنى ئىبنى ماجە، 2312-ھەدىس)

③ يەنــى ئامانەتلەرنــى ئــۆز ئەھلىگــە تاپشــۇرۇش ۋە ئادالــەت بەرپــا قىلىــش قاتارلىق ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى!

يَـٰٓأَيُّهَـا ٱلَّذِيـنَ ءَامَنُـوٓاْ أَطِيعُـواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُـواْ ٱلرَّسُـولَ وَأُوْلِي ٱلْأَمۡـرِ مِنكُـمۡۖ فَـإِن تَنَٰزَعۡتُـمۡ فِي شَيۡءٖ فَـرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُـولِ إِن كُنتُـمۡ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلًا ﴿٥٩﴾

*ئــى ئىمــان ئېيتقانــلار! ئاللاھقــا ئىتائــەت قىلىــڭلار، رەســۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىــڭلار ۋە ئۆزۈڭلاردىــن بولغــان ئىــش ئۈستىدىكىلەرگىمۇ① (ئىتائــەت قىلىــڭلار). ئەگــەر ســىلەر بىــرەر مەســىلىدە ئىختىــلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بــۇ توغرىــدا ئاللاھقــا ۋە پەيغەمبەرگــە مۇراجىئــەت قىلىــڭلار②، ئەگــەر ســىلەر ئاللاھقــا ۋە ئاخىــرەت كۈنىگــە (ھەقىقىــي) ئىشــىنىدىغان بولســاڭلار. بــۇ (يەنــى ئاللاھنىــڭ كىتابىغــا ۋە پەيغەمبىرىنىــڭ ســۈننىتىگە مۇراجىئــەت قىلىــش) ســىلەر ئۈچــۈن ئەــڭ ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ گۈزەلدۇر [59].*

① بــەزى مۇپەسســىرلەر ﴿أُولِي الْأَمْـرِ مِنْكُـمْ﴾ «ئۆزۈڭلاردىــن بولغــان ئىــش ئۈســتىدىكىلەر» ســۇلتانلارنى ۋە ھاكىملارنــى كۆرســىتىدۇ دەپ قارىســا، بەزىلــەر ئۆلىمالارنــى ۋە فەقىھلەرنــى كۆرســىتىدۇ دەپ قارايــدۇ. چۈشــەنچە ئېتىبــارى بىلــەن ھــەر ئىككــى مەنىنــى توغــرا دېيىشــكە بولــىدۇ. دېمــەك ئەسلــي بويسۇنۇش پەقــەت ئاللاھ تائالاغــلا بولــىدۇ. چۈنكــى ﴿يارىتىش ۋە

ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر﴾. (سۈرە ئەئراف 54-ئايەت) ﴿ھۆكۈم قىلىش پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر﴾. (سۈرە يۈسۈف 40-ئايەت) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە رازىلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا ئەمر قىلىش بىلەن بىرگە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشنىمۇ ئايرىم ئىبارە بىلەن ۋاجىب دەپ بەلگىلىدى. رەسۇلىغا بويسۇنۇشنىڭ ئەسلىدە ئاللاھقا بويسۇنۇش بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى: ﴿كىمكى رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى رەسۇل ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾. (سۈرە نسا 80-ئايەت) بۇنىڭدىن ھەدىسنىڭمۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش دىنىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە ھاكىملار ۋە سۇلتانلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش زۆرۈر. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ ياكى ئۇممەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. گەرچە بۇنىڭدىن ھاكىملار ۋە سۇلتانلارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلىكى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇتلەق بويسۇنۇش ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا بويسۇنۇش شەرتى بىلەن باغلانغان. شۇ ۋەجىدىن ئايەتتە ﴿اَطِيعُوا اللّٰهَ﴾ دىن كېيىن ﴿اَطِيعُوا الرَّسُولَ﴾ دەپ ئايرىم كەلدى. چۈنكى بۇ ئىككى بويسۇنۇش ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، ھەر ئىككىسىگە ئىتائەت قىلىش شەرتسىز ۋاجىپتۇر. ئەمما ئايەتتە ”أَطِيعُوا أُولِي الْأَمْرِ“ دېمىدى، بەلكى ﴿أُولِى الْاَمْرِ﴾ دېدى. چۈنكى ئۇلارغا بويسۇنۇش مۇستەقىل ئەمەس، بەلكى شەرتلىكتۇر. ھەدىسلەردە دېيىلىدىكى: «ياراتقۇچىغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا، مەخلۇققا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ» (ئەلبانى سەھىھ دېگەن ھەدىس، مۇشكاتۇلمەسابىھ 1840-ھەدىس)، «بويسۇنۇش پەقەت گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا بولىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 7145-ھەدىس) «سۇلتانغا بويسۇنۇش گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا بولىدۇ» شۇنداقلا ئۆلىمالار ۋە فەقىھلەرگىمۇ بويسۇنۇش لازىم بولىدۇ (ئۆلىمالارنىمۇ ئىش ئۈستىدىكىلەر جۈملىسىدىن ھېسابلىغاندا). ئۆلىمالار ۋە فەقىھلەرگە شۇنىڭ ئۈچۈن بويسۇنۇش لازىمكى، ئۇلار ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا يېتەكلەيدۇ ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۆلىمالار ۋە فەقىھلەر دىن ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىدا ھاكىملاردەك ئاۋام مۇراجىئەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشمۇ شەرتلىك بولۇپ،

ئۇلار قاچانغىچە كىشىلەرگە ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزىنىلا يەتكۈزىدىكەن، شۇ چاغقىچە ئۇلارغا بويسۇنۇش لازىم. ئەگەر ئۇلار توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتسە، ئاۋام-خەلقنىڭ ئۇلارغا بويسۇنۇشى توغرا بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ئازغۇنلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر.

② «ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىش» دېگەن قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىشنى؛ «رەسۇلۇللاھقا مۇراجىئەت قىلىش» دېگەن ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتتە ئىختىلاپ ۋە دەتالاشنى تۈگىتىشنىڭ بىر ياخشى ئۇسۇلى بايان قىلىندى.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ ءَامَنُواْ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ
أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَن يَتَحَاكَمُوٓاْ إِلَى ٱلطَّٰغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوٓاْ
أَن يَكْفُرُواْ بِهِۦۖ وَيُرِيدُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَن يُضِلَّهُمْ ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا ﴿٦٠﴾ وَإِذَا
قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْاْ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ رَأَيْتَ ٱلْمُنَٰفِقِينَ
يَصُدُّونَ عَنكَ صُدُودًا ﴿٦١﴾ فَكَيْفَ إِذَآ أَصَٰبَتْهُم مُّصِيبَةُۢ بِمَا
قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ثُمَّ جَآءُوكَ يَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ إِنْ أَرَدْنَآ إِلَّآ إِحْسَٰنًا
وَتَوْفِيقًا ﴿٦٢﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَعْلَمُ ٱللَّهُ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ
وَعِظْهُمْ وَقُل لَّهُمْ فِيٓ أَنفُسِهِمْ قَوْلًۢا بَلِيغًا ﴿٦٣﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان (مۇناپىق)لارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار تاغۇتنى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق، ئەرزلىرىنى ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشنى خالايدۇ، شەيتان بولسا ئۇلارنى قاتتىق ئازدۇرۇشنى خالايدۇ [60]. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)غا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن① [61]. قىلمىشلىرى*

*تۇپەيلىدىن ئۆز بېشىغا بىرەر پالاكەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا مەقسەت قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولار؟② [62] ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەسىر قىلغۇدەك سۆزلەرنى قىلغىن③ [63].*

① بۇ ئايەتلەر ئەرزلىرىنى ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مۇراجىئەت قىلماستىن يەھۇدىي ياكى قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولىدىغان كىشىلەر ھەققىدە چۈشكەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى ئومۇمىيدۇر. قۇرئان ۋە سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆز مەسىلىلىرىنى ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق كىشىلەر بۇ ئومۇمىي ھۆكۈمگە كىرىدۇ. ھالبۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەيدانى تۆۋەندىكى ئايەتتە تەسۋىرلەنگەندەك بولىدۇ: ﴿مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرەپكە ئارىلىرىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن چاقىرىلغان چاغدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېگەندىنلا ئىبارەت بولىدۇ.﴾ بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىردا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر﴾. (سۈرە نۇر 51-ئايەت)

② يەنى ئۇنداق كىشىلەر مەزكۇر قىلمىشلىرى تۇپەيلى ئاللاھ تەرەپتىن ئەيىبلەشكە دۇچار بولۇپ، ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا كېلىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا بېرىشتىكى مەقسىتىنىڭ ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئەمەس ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىلارنى ئادىل راق دەپ قارىغانلىقىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى سۈلھىلىشىشنى ۋە يارىشىشنى كۆزلەپ بارغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

③ يەنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى بارلىق سىرلارنى بىلىپ تۇرىدۇ (شۇنىڭغا بىنائەن ئۇلارنى جازالايدۇ) ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنياسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى كەچۈرگىن، ۋەز-نەسىھەت ۋە تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، دۈشمەننىڭ ھىيلە-

مىكىرلىرىنى كەچۈرۈم، ۋەز-نەسىھەت ۋە تەسىرلىك سۆزلەر ئارقىلىق بەربات قىلىشقا تىرىشىش لازىم.

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ إِذ ظَّلَمُوٓاْ
أَنفُسَهُمۡ جَآءُوكَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ ٱللَّهَ وَٱسۡتَغۡفَرَ لَهُمُ ٱلرَّسُولُ لَوَجَدُواْ
ٱللَّهَ تَوَّابٗا رَّحِيمٗا ﴿٦٤﴾ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا
شَجَرَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ لَا يَجِدُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَرَجٗا مِّمَّا قَضَيۡتَ وَيُسَلِّمُواْ
تَسۡلِيمٗا ﴿٦٥﴾

***بىز ھەربىر پەيغەمبەرنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن پەقەت ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىنسۇن ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، رەسۇلمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە ئىدى①، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتى [64]. (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ئۇنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ② [65].***

① مەغپىرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغىلا يېلىنىپ تەۋبە قىلىش ۋە كەچۈرۈم تەلەپ قىلىش زۆرۈر ۋە كۇپايە ئىدى. لېكىن بۇ ئايەتتە ئۇلارغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، سەنمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسەڭ، دېيىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش قىلىشقان مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارماي، باشقىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ،

ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ئىدى، شۇ تەرىقىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىشى تەكىتلەندى.

② بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق بىر ۋەقە بار: ئىككى كىشى بىر مەسىلىدە دەۋالىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىدىن ھەقلىق بولغان كىشىگە ھەققىنى بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان. يەنە بىر كىشى چىقارغان ھۆكۈمگە ئۇنىماي، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بارىمىز دەپ تۇرۇۋالغان، ئۇلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، قىلىچىنى ئېلىپ چىققان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە ئۇنىمىغان كىشىنى چېپىپ تاشلىغان. لېكىن بۇ ۋەقە رىۋايەت قىلغۇچىلار نۇقتىسىدىن توغرا ئەمەس، ئىمام ئىبنى كەسىرمۇ بۇ نۇقتىنى ئوچۇق بايان قىلغان. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەب بولغان توغرا ۋەقە تۆۋەندىكىچە:

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنى يەنى هاممىسىنىڭ ئوغلى) بىر كىشى بىلەن زىرائەتنى سۇغىرىدىغان بىر ئېرىقنىڭ سۈيى توغرىسىدا جېدەللىشىپ قالغان، ئۇلار دەۋالىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن: «ئى زۇبەير! سەن (يېرىڭنى ئاۋال) سۇغارغىن، ئاندىن سۇنى قوشناڭغا (يەنى ھېلىقى كىشىگە) بەرگىن» دېگەندە، (ھېلىقى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا): «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! (سېنىڭ زۇبەيرگە سۇنى ئاۋال بېرىشىڭ) ئۇ سېنىڭ هامما ئاچاڭنىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان. (سەھىھۇل بۇخارى 4585-ھەدىس)

ئايەتتىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ياكى ھۆكۈملىرىگە نارازى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، دىلدا قىلچە غۇم ساقلاشمۇ ئىمانغا زىت كېلىدۇ. بۇ ئايەت يەنە ھەدىس ئىنكارچىلىرىغا رەددىيەدۇر.

وَلَوۡ أَنَّا كَتَبۡنَا عَلَيۡهِمۡ أَنِ ٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ أَوِ ٱخۡرُجُواْ مِن

دِيَٰرِكُم مَّا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِّنۡهُمۡۖ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ فَعَلُواْ مَا يُوعَظُونَ
بِهِۦ لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۡ وَأَشَدَّ تَثۡبِيتٗا ﴿٦٦﴾ وَإِذٗا لَّأٓتَيۡنَٰهُم مِّن لَّدُنَّآ
أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٦٧﴾ وَلَهَدَيۡنَٰهُمۡ صِرَٰطٗا مُّسۡتَقِيمٗا ﴿٦٨﴾ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ
وَٱلرَّسُولَ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ
وَٱلصِّدِّيقِينَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَٱلصَّٰلِحِينَۚ وَحَسُنَ أُوْلَٰٓئِكَ رَفِيقٗا ﴿٦٩﴾

*ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار!» دەپ ئەمر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولغان بولاتتى)① [66]. ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلاتتۇق [67]. ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق [68]. كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (راستچىللار)، شېھىتلەر ۋە سالىھلار (يەنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان مۇئمىنلەر) بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!② [69]*

① بۇ ئايەتتە بىر قىسىم ئىتائەتسىز كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى بايان قىلىنىپ دېيىلىدىكى، ئەگەر ئۇلارغا بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار، دەپ بۇيرۇق بېرىلسە، ئۇلاردىن پەقەت ئازغىنە كىشى ئۇنى بەجا كەلتۈرەتتى. يەنى ئۇلار بۇنىڭدىن ئاسان بۇيرۇقلارنى بەجا كەلتۈرمىگەن يەردە، بۇنى بەجا كەلتۈرمەيتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ئىلمىگە ئاساسەن ئۇلار ھەققىدە ئېيتقان بۇ سۆزى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندۇر. ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، يۇقىرىقىدەك ئېغىر بۇيرۇقلارغا ئىجرا قىلىش راستىنلا مۇشكۇل بولاتتى، بىراق ئاللاھ تائالا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان زات بولغاچقا، ئۇنداق ئېغىر ئىشلارغا

بۇيرىمىدى، بەلكى ئىنسانىنىڭ قۇدرىتى يېتىدىغان ئاسان ئىشلارغا بۇيرىدى. شۇڭا ئەگەر ئۇلار بېرىلگەن بۇيرۇق ۋە نەسىھەت بويىچە ئىش قىلسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىدى ھەم بۇ ئىش ئۆزلىرىنىڭ ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشىغا سەۋەب بولاتتى. چۈنكى ئىمان -ئىتائەت قىلىش بىلەن كۆچىيىدۇ؛ گۇناھ سەۋەبىدىن ئاجىزلىشىدۇ. ياخشىلىقتىن ياخشىلىقنىڭ يوللىرى ئېچىلىدۇ، يامانلىقتىن يامانلىق تۇغۇلىدۇ. يەنى يامانلىق قىلغۇچىغا يامانلىقنىڭ يولى كەڭ ھەم ئاسان بولىدۇ.

② بۇ ئايەتتە ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇكاپاتى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ياخشى كۆرگەن كىشىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 6168 ـ ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2640 ـ ھەدىس) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشاللانغاندەك خۇشال بولۇپ باقمىغان ئىدى». چۈنكى ئۇلار جەننەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدىكى بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! شەكسىزكى سەن ماڭا ئۆزۈمدىن، ئايالىمدىن ۋە بالىلىرىمدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇرسەن. مەن ئۆيدە بولغان چاغلىرىمدا سېنى ئەسلىگىنىمدە سېنىڭ قېشىڭغا كېلىپ سېنى بىر كۆرىۋالمىغۇچە پەقەت چىدىيالمايمەن، مېنىڭ ئۆلىدىغىنىمنى ۋە سېنىڭ ئۆلىدىغىنىڭنى ئەسلەپ ئىككىمىز جەننەتكە كىرسەك، سېنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ قېشىغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىڭنى ئويلىسام، سېنى كۆرەلمەسلىكىمدىن قورقىمەن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈرۈپ ئۇلارغا تەسەللىي بەردى». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

بەزى ساھابىلەر جەننەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى ئۆزلىرى ئىلتىماس قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كۆپ ناماز ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئىمام مۇسلىم رەبىيئ ئىبنى كەئب ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن (بىر كېچىسى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا قونۇپ قالدىم. ئاندىن مەن ئۇنىڭغا تاھارەت سۈيىنى ۋە باشقا ھاجەتلىرىنى ھازىرلاپ بەردىم، ئۇ ماڭا: ‹بىر نەرسە سورىغىن› دېدى. مەن: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەندىن جەننەتتە ساڭا ھەمراھ

بولۇشۇمنى سورايمەن› دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇنىڭدىن باشقىسىنى (سورىمامسەن؟)› دېدى. مەن: ‹شۇنىلا سورايمەن› دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ماڭا ھەمراھ بولۇشۇڭ ئۈچۈن) كۆپ سەجدە قىلىش بىلەن ئۆزۈڭگە ياردەم تىلىگىن› دېدى». (سەھىھ مۇسلىم 489_ ھەدىس)

ئۇنىڭدىن باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «راستچىل تىجارەتچى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلەر ۋە شېھىتلەر بىللە بولىدۇ» دېگەن. (جامى تىرمىزى 1209_ ھەدىس) سىددىقلارنىڭ دەرىجىسى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدىن قالسىلا ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بولۇپ، كامىل ئىمان ۋە ئىتائەتنىڭ نەتىجىسىدە ئېرىشىدىغان ماقامدۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ يۇقىرى ئىمتىيازلىق دەرىجىگە ئېرىشكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇ پەيغەمبەرلەردىن قالسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەڭ شەرەپلىك ئىنساندۇر. بۇ ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. ﴿ٱلصَّٰلِحِينَ﴾ «ياخشىلار» دېگەن سالىھلار يەنى ئاللاھنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلمىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ذَٰلِكَ ٱلۡفَضۡلُ مِنَ ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ عَلِيمٗا ٧٠ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ خُذُواْ حِذۡرَكُمۡ فَٱنفِرُواْ ثُبَاتٍ أَوِ ٱنفِرُواْ جَمِيعٗا ٧١ وَإِنَّ
مِنكُمۡ لَمَن لَّيُبَطِّئَنَّ فَإِنۡ أَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةٞ قَالَ قَدۡ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ
عَلَيَّ إِذۡ لَمۡ أَكُن مَّعَهُمۡ شَهِيدٗا ٧٢ وَلَئِنۡ أَصَٰبَكُمۡ فَضۡلٞ مِّنَ ٱللَّهِ
لَيَقُولَنَّ كَأَن لَّمۡ تَكُنۢ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُۥ مَوَدَّةٞ يَٰلَيۡتَنِي كُنتُ
مَعَهُمۡ فَأَفُوزَ فَوۡزًا عَظِيمٗا ٧٣

***بۇ پەزل ـ كەرەم ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ئاللاھ (پەزل ـ كەرەمگە ئېرىشىشكە لايىق بولغانلارنى) بىلىشتە يېتەرلىكتۇر. [70] ئى ئىمان ئېيتقانلار! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) مۇداپىئە (پەخەسلىك) ھالىتىدە تۇرۇڭلار①، (ئۇرۇشقا) تۈركۈم ـ تۈركۈم***

*بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار [71]. شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا شۇنداق كىشى باركى، سۆرەلمىلىك قىلىپ ئۇرۇشقا چىقمايدۇ②، ئەگەر سىلەرگە بىرەر تالاپەت يەتسە، (ئۇ مۇناپىق) «ئاللاھ ھەقىقەتەن ماڭا مەرھەمەت قىپتىكەن، شۇڭا مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە بولماپتىكەنمەن (بولمىسا مەنمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلەركەنمەن)» دەيدۇ [72]. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى (يەنى غەلىبە ۋە غەنىيمەت) يەتسە③، گويا سىلەر بىلەن ئۇ (يەنى مۇناپىق)نىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق دوستلۇق يوقتەك④، «كاشكى، مەنمۇ (ئۇرۇشتا) ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسامچۇ، (ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا) ئەلۋەتتە چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە (يەنى غەنىيمەتتىن زور نېسىۋىگە) ئېرىشەركەنمەن» دەيدۇ⑤ [73].*

① ﴿ خُذُوا۟ حِذْرَكُمْ ﴾ ﴿مۇداپىئە (ئېھتىيات بىلەن ھوشيارلىق) ھالىتىدە تۇرۇڭلار﴾ دېمەك قورال-ياراق، جەڭ لازىمەتلىكلىرى ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى قوغداشقا تەييار تۇرۇڭلار دېگەنلىكتۇر.

② بۇ يەردە مۇناپىقلارنىڭ بىر ئىللىتى بايان قىلىنىدى. ﴿ لَيُبَطِّئَنَّ ﴾ «سۆرەلمىلىك قىلىدۇ» يەنى ئۇلار جىھادقا چىقىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ، ئارقىدا قالىدۇ.

③ يەنى ئاللاھنىڭ پەزلى بولغان غەلىبە ۋە غەنىيمەتكە ئېرىشسەڭلار.

④ يەنى گويا سىلەر بىلەن ئۇ مۇناپىقنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق دىنىي مۇناسىۋەت يوقتەك، ھەتتا يات ئادەملەردەك.

⑤ يەنى ئۇلجا ئېلىنغان غەنىيمەتلەردىن زور نېسىۋىگە ئېرىشەركەنمەن دەيدۇ. چۈنكى دۇنياپەرەس ئادەملەرنىڭ ئەڭ چوڭ مەقسىتى مەنپەئەتكە ئېرىشىشتۇر.

۞ فَلْيُقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يَشْرُونَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا بِٱلْءَاخِرَةِ ۚ
وَمَن يُقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا

عَظِيمًا ﴿٧٤﴾ وَمَا لَكُمْ لَا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلْمُسْتَضْعَفِينَ
مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا مِنْ
هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةِ ٱلظَّالِمِ أَهْلُهَا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا وَٱجْعَل
لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا ﴿٧٥﴾

***دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتنىڭ بەدىلىگە ساتىدىغانلار① ئاللاھ يولىدا (جىنىنى، پۇل - مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر (مۇكاپات) ئاتا قىلىمىز [74]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى ئاتا قىلغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ياردەم قىلغۇچى بەرگىن» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە باللارنى قۇتقۇزۇش يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر؟② (بۇ يەردىكى شەھەر مەككىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى شۇ چاغدا مەككە كۇفرىنىڭ ماكانى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلغان ئىدى) [75].***

① "شَرَى، يَشْرِىْ" دېگەن پېئىل سېتىش ھەم سېتىۋېلىش مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە بىرىنچىسى يەنى سېتىش مەنىسى ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن ﴿فَلْيُقَاتِلْ﴾ «جىھاد قىلسۇن» دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى «دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتنىڭ بەدىلىگە ساتىدىغانلار» بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ سېتىۋېلىش دېگەن مەنىسى ئېلىنغاندا «دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالىدىغانلار» تولدۇرغۇچى بولىدۇ، «جىھاد قىلسۇن» پېئىلىنىڭ ئىگىسى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان «جىھاد يولىدا جېنىنى پىدا قىلىدىغان مۇئمىنلەر» بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: مۇئمىنلەر ئاخىرەتنىڭ بەدىلىگە دۇنيا ھاياتىنى سېتىۋالىدىغانلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلسۇن يەنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ئازغىنە مال-دۇنياغا تېگىشكەن كىشىلەر (مۇناپىقلار ۋە كاپىرلار) غا قارشى جىھاد قىلسۇن، دېگەنلىك بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىرمۇ

ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان)

② «ئاھالىسى زالىم شەھەر» دېگەندە (ئايەتنىڭ چۈشۈش ئېتىبارى بىلەن) مەككە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھىجرەتتىن كېيىن مەككىدە قېلىپ قالغان مۇسۇلمانلار خۇسۇسەن ياشانغان ئەرلەر، ئاياللار ۋە كىچىك بالىلار كاپىرلارنىڭ زۇلمىدىن بىزار بولۇپ، ئاللاھتىن ياردەم سوراپ دۇئا قىلاتتى. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا: مەككىدىكى ئاجىزلارنى كاپىرلاردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نېمىشقا جىھاد قىلمايسىلەر؟ دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئۇلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، بىر رايوندا مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ زۇلۇم-ستەملىرىگە دۇچار بولغان ۋە قىيىنچىلىقتا ئىچىدە قالغان بولسا، باشقا مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلىشى پەرز بولىدۇ، دېدى. بۇ زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان جىھادنىڭ ئىككىنچى تۈرىدۇر. جىھادنىڭ بىرىنچى تۈرى ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش، يەنى دىننى تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن جىھاد قىلىش بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان، كېيىنكى ئايەتلەردىمۇ كېلىدۇ.

ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱلطَّٰغُوتِ فَقَٰتِلُوٓاْ أَوۡلِيَآءَ ٱلشَّيۡطَٰنِۖ إِنَّ كَيۡدَ ٱلشَّيۡطَٰنِ كَانَ ضَعِيفًا ﴿٧٦﴾

***مۇئمىنلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار تاغۇتنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ①، ئۇ ھالدا (ئى مۇئمىنلەر!) سىلەر شەيتاننىڭ دوستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەكسىزكى، شەيتاننىڭ ھىيلىسى ناھايىتى ئاجىز (ۋە كۈچسىز) دۇر② [76].***

① مۇئمىنلەر ۋە كاپىرلار ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش مەقسەتلىرىدە زور پەرقلەر بولىدۇ. مۇئمىنلەر مىللەتچىلىك ئىشتىياقى ۋە دۇنيا توپلاش

غەرىزىدە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسىتى مۇشۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

② بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ئۆزىنىڭ دۇشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتىدۇ. تاغۇتنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ ھىيلە-مىكرلىرى ئاجىز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زاھىرىي تەييارلىقلىرى، ئەسلىھەلىرى ۋە سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەرگىز قورقماڭلار، سىلەرنىڭ ئىمانىي كۈچۈڭلار ۋە جىھادىي ئىرادەڭلار ئالدىدا شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكرى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوٓاْ أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ
وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقِتَالُ إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَخْشَوْنَ
ٱلنَّاسَ كَخَشْيَةِ ٱللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةًۚ وَقَالُواْ رَبَّنَا لِمَ كَتَبْتَ عَلَيْنَا
ٱلْقِتَالَ لَوْلَآ أَخَّرْتَنَآ إِلَىٰٓ أَجَلٍ قَرِيبٍۗ قُلْ مَتَٰعُ ٱلدُّنْيَا قَلِيلٌ
وَٱلْأَخِرَةُ خَيْرٌ لِّمَنِ ٱتَّقَىٰ وَلَا تُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٧٧﴾ أَيْنَمَا تَكُونُواْ
يُدْرِككُّمُ ٱلْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِي بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍۗ وَإِن تُصِبْهُمْ حَسَنَةٌ
يَقُولُواْ هَٰذِهِۦ مِنْ عِندِ ٱللَّهِۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَقُولُواْ هَٰذِهِۦ مِنْ
عِندِكَۚ قُلْ كُلٌّ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِۖ فَمَالِ هَٰٓؤُلَآءِ ٱلْقَوْمِ لَا يَكَادُونَ
يَفْقَهُونَ حَدِيثًا ﴿٧٨﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) «(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىپ تۇرۇڭلار، زاكاتنىمۇ ئادا قىلىپ تۇرۇڭلار» دەپ ئەمر قىلىنغان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا بولسا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى كىشىلەردىن گويا ئاللاھتىن قورققاندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ: «ئى رەببىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى پەرز قىلدىڭ؟① بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگە قەدەر كېچىكتۈرسەڭ بولماسمىدى؟② (يەنى***

***ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، تەقۋادارلار ئۈچۈن ئاخىرەت ئەڭ ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)» [77]. قەيەردە بولساڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ③. ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بۇ ئاللاھتىن بولدى» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن (يەنى سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكىمىزدىن) بولدى» دەيدۇ④. (ئى پەيغەمبەر! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، «(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر).» بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن؟ ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ⑤ [78].***

① مۇسۇلمانلار مەككىدىكى چاغلىرىدا سانىنىڭ ئازلىقى ۋە يېتەرلىك قورال-ياراقلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشتىن ئاجىز ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى بولسىمۇ، ئۇرۇش قىلىشتىن چەكلەنگەن ئىدى. ئۇلارغا ئىككى نەرسە داۋاملىق تەكىتلىنەتتى، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، كاپىرلاردىن كەلگەن زۇلۇمغا سەۋر قىلىش، ئەزىيەتكە چىدامچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇلارغا ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش. ئىككىنچىسى، ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇشقا، پېقىرلارغا زاكات بېرىشكە ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئۇلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، كۈچ توپلىغاندىن كېيىن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بېرىلدى. ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان چاغدا بەزى كىشىلەر ئېرىنچەكلىك ۋە بوشاڭلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ مەككىدە ياشىغان چاغدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەسكەرتىلىپ، ئۇلارغا: بۇ جىھاد سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلار بويىچە پەرز قىلىنغان تۇرسا، ئەمدى جىھاد بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ نېمىشقا قورقۇپ كېتىسىلەر؟ دېيىلدى.

② ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى، جىھاد بۇيرۇقىنى نېمە ئۈچۈن بىر

مەزگىل كېچىكتۈرمىدىڭ؟ دېگەنلىكتۇر.

﴿ اَجَلٍ قَرِيْبٍ ﴾ «ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگە قەدەر» دېگەندە ئۆلۈم ياكى جىھاد پەرزىنى مەلۇم بىر مۇددەتكىچە كېچىكتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ ئەنە شۇنداق ئاجىز مۇسۇلمانلارغا چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن دېيىلىۋاتىدۇكى، بىرىنچىدىن، سىلەر مۆھلەت تەلەپ قىلىۋاتقان بۇ دۇنيا پانىيدۇر، ئۇنىڭدا ئېرىشكەن مەنپەئەتمۇ ۋاقىتلىقتۇر. ئۇنىڭ قارشىسىدا سىلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئاخىرەتتىكى ساۋاب ھەممىدىن ياخشى ۋە مەنپەئەتلىكتۇر. ئىككىنچىدىن، سىلەر جىھاد قىلىڭلار ياكى قىلماڭلار، ھەتتا مۇستەھكەم قەلئەلەرگە بېكىنىۋالساڭلارمۇ، ئەجەل توشقاندا ئۆلۈم سىلەرنى ھامان تاپىدۇ. ئىش شۇنداق تۇرسا، جىھادتىن قاچقاننىڭ نېمە پايدىسى؟! «مۇستەھكەم قەلئەلەر» دېگەن ناھايىتى ئېگىز، پۇختا سېپىللىرى بار قورغان ۋە ئىمارەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسكەرتىش: بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ قورقۇنچىسى تەبىئىي قورقۇنچ ئىدى. ئۇلارنىڭ جىھادنى كېيىنرەك پەرز بولسىكەن دېگەن خاھىشىمۇ ئېتىراز ياكى ئىنكار قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەس بەلكى تەبىئىي قورقۇنچنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن نەتىجىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلدى ھەمدە ناھايىتى كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ياردەم بېرىپ رىغبەتلەندۈردى.

④ بۇ يەردە يەنە مۇناپىقلارنىڭ سۆزلىرى تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىنكارچىلىرى ئېيتقاندەك، ئۇلارمۇ ياخشىلىق (مولچىلىق، مېۋە، زىرائەت، مال-مۈلۈك ۋە ئەۋلادنىڭ كۆپ بولۇشى قاتارلىقلار) ئاللاھ تەرەپتىن؛ يامانلىق (قۇرغاقچىلىق، مېۋە، زىرائەت ۋە مال-مۈلۈكنىڭ كەملەپ كېتىشى قاتارلىقلار) ئى مۇھەممەد! سەن تەرەپتىن يەنى سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكىمىز سەۋەبىدىن بولدى دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە فىرئەۋننىڭ ئادەملىرىدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق-مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، «بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى»، دەيدۇ﴾. (سۈرە ئەئراف 131-ئايەت)

⑤ يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەر ئىككىسى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەندۇر. لېكىن بۇ كىشىلەرنىڭ ئىلمى ۋە چۈشەنچىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، جاھالەتكە پېتىپ، كۆپ زۇلۇم قىلغانلىقتىن، بۇ سۆزلەرنى چۈشىنەلمەيدۇ.

مَّآ أَصَابَكَ مِنۡ حَسَنَةٖ فَمِنَ ٱللَّهِۖ وَمَآ أَصَابَكَ مِن سَيِّئَةٖ فَمِن
نَّفۡسِكَۚ وَأَرۡسَلۡنَٰكَ لِلنَّاسِ رَسُولٗاۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدٗا ٧٩ مَّن
يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ
حَفِيظٗا ٨٠ وَيَقُولُونَ طَاعَةٞ فَإِذَا بَرَزُواْ مِنۡ عِندِكَ بَيَّتَ طَآئِفَةٞ
مِّنۡهُمۡ غَيۡرَ ٱلَّذِي تَقُولُۖ وَٱللَّهُ يَكۡتُبُ مَا يُبَيِّتُونَۖ فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ
وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ٨١

*(ئى ئىنسان!) ساڭا كەلگەن (ھەرقانداق) ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھتىندۇر①، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزۈڭدىندۇر②. (ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز (پۈتۈن) ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر [79]. كىمكى (بۇ) پەيغەمبەرگە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىتائەت قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، (ئى پەيغەمبەر! بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق [80]. (ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلار: «ساڭا ئىتائەت قىلىمىز» دەيدۇ. سېنىڭ يېنىڭدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا بولسا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى سېنىڭ دېگىنىڭگە قارشى كېچىسى پىلان تۈزىدۇ، (يەنى ئەمرىڭگە خىلاپلىق قىلىدۇ)③، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېچىدە پىلانلىغانلىرىنى (يوشۇرۇن قىلمىشلىرىنى) خاتىرىلەپ تۇرىدۇ (يەنى پەرىشتىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ). سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن (يەنى كەچۈرگىن)،*

***ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن (تەۋەككۇل قىلغۇچىغا) ئاللاھنىڭ ھامىيلىقى يېتەرلىكتۇر [81].***

① يەنى ئاللاھنىڭ پەزلى-كەرىمى ۋە مەرھەمىتى بىلەن كەلگەندۇر، بۇ بىرەر ياخشىلىق ياكى ئىتائەتنىڭ مۇكاپاتى ئەمەستۇر. چۈنكى، ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلغۇچىمۇ پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى شۇ قەدەر چەكسىزدۇركى، بىر ئىنساننىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ئۇ نېمەتلەر ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئاللاھ مەرھەمەت قىلمىسا، سىلەردىن ھېچكىمنى ئۇنىڭ ئەملى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ، ساھابىلەر: سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: مەنمۇ شۇنداق، ئاللاھ تائالا مېنى ئۆز پەزلى-مەرھەمىتىگە ئالمىسا، جەننەتكە كىرەلمەيمەن». (سەھىھۇل بۇخارى 6463-ھەدىس)

② ﴿(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر﴾ دېگەن ئايەتتىن مەلۇم بولغاندەك، يامانلىقمۇ گەرچە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يەتسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇ بىرەر گۇناھنىڭ جازاسى ياكى بەدىلىگە بېرىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: ﴿ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزۈڭدىندۇر﴾ دېدى، يەنى ئۆزۈڭلارنىڭ خاتالىقلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە گۇناھلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەنە سۈرە شۇرانىڭ 30-ئايىتىدە ئاللاھ تائالا: ﴿سىلەرگە (يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)﴾ دېدى.

③ يەنى بۇ مۇناپىقلار كېچىلىرى سېنىڭ ئالدىڭدا ئىزھار قىلغاننىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ، ھىيلە-مىكىر بىلەن رەزىل پىلانلارنى تۈزىدۇ. سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ھىيلە-مىكىرلىرى ساڭا ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، چۈنكى سېنىڭ ئىگەڭ ۋە ياردەمچىڭ ئاللاھتۇر.

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ ۚ وَلَوْ كَانَ مِنْ عِندِ غَيْرِ ٱللَّهِ لَوَجَدُوا۟ فِيهِ
ٱخْتِلَٰفًا كَثِيرًا ﴿٨٢﴾ وَإِذَا جَآءَهُمْ أَمْرٌ مِّنَ ٱلْأَمْنِ أَوِ ٱلْخَوْفِ أَذَاعُوا۟
بِهِۦ ۖ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى ٱلرَّسُولِ وَإِلَىٰٓ أُو۟لِى ٱلْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ ٱلَّذِينَ
يَسْتَنۢبِطُونَهُۥ مِنْهُمْ ۗ وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ لَٱتَّبَعْتُمُ
ٱلشَّيْطَٰنَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٨٣﴾

*ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (كاپىرلار ئويلىغاندەك) ئاللاھتىن باشقا بىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى① [82]. مۇناپىقلارغا (مۇئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى يەتسە، ئۇلار ئۇنى يېيىۋېتىدۇ (يەنى تارقىتىپ مەشھۇر قىلىۋېتىدۇ)، ئەگەر ئۇلار ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەردىن بولغان ئىش باشقۇرغۇچىلارغا (ياكى دىنني ئالىملارغا) مەلۇم قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇ خەۋەرنى تەھلىل قىلىپ نەتىجە چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئەلۋەتتە ئۇنى (تارقىتىش ياكى تارقاتماسلىق كېرەكلىكىنى بىلىپ) مەلۇم قىلغان بولاتتى②. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئاز قىسمىڭلاردىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار [83].*

① بۇ ئايەتتە قۇرئان كەرىمدىن يېتەكچى ئىدىيە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن ئوقۇش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرىدىغان بىر ئۆلچەممۇ بايان قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئەگەر بۇ قۇرئان (كاپىرلار خىيال قىلغاندەك) قايسىبىر ئىنساننىڭ سۆزى بولغان بولسا، ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەم ۋەقەلىكلىرىدە نۇرغۇن زىددىيەتلەر كۆرۈلگەن بولاتتى. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى شۇكى، بىرىنچىدىن، بۇ بىر كىچىك كىتاب ئەمەس، بەلكى ناھايىتى چوڭ، ھەر تىما ئېنىق بايان قىلىنغان، ھەر بىر بۆلۈمى مۆجىزىگە تولغان پاساھەتلىك كىتابتۇر. ھالبۇكى، ئىنسانلار يازغان چوڭ كىتابلاردا گىراماتىكا، لوگىكا ۋە بالاغەت ئۆلچەملىرىگە چۈشمەيدىغان نۇرغۇن خاتالىقلار ئۇچراپلا تۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ قۇرئاندا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ۋەقەلىكلەرنى غەيبلەرنى بىلگۈچى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بايان قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ ۋەقەلەر ۋە قىسسىلەر بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، ھەتتا ئۇ قىسسىلەرنىڭ ئەڭ كىچىك بىر بۆلۈمىمۇ قۇرئاندىكى باشقا بىر ئاساسىي مەزمۇن بىلەن زىتلىشىپ قالمايدۇ. ۋەھالەنكى، بىر ئىنسان ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلسا، چاتما ۋەقەلىكلەرنى باغلىغۇچى يىپلار ئۈزۈلۈپ، تەپسىلاتلىرى بىر-بىرىگە زىت بولۇپ قالىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنە شۇ بارلىق ئىنسانىي خاتالىقلاردىن خالىي بولغانلىقى شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇ ئىشەنچلىك پەرىشتە ئارقىلىق ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ئاللاھنىڭ كالامىدۇر.

② بۇ يەردە بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردىكى كەمچىلىك ۋە ئالدىراقسانلىقنى تۈزەتمەك ئۈچۈن مۇھىم بىر قائىدە بايان قىلىنىۋاتىدۇ. «ئامانلىق خەۋىرى» دېگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (بۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار گاھىدا ھەددىدىن زىيادە خاتىرجەم ۋە بىغەم بولۇپ كېتىدۇ، نەتىجىدە بۇ ئەھۋال يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولۇپمۇ قالىدۇ) «قورقۇنچنىڭ خەۋىرى» دېگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (بۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار روھىي بېسىمغا دۇچ كېلىپ، ئىرادىسى سۇسلىشىپ قېلىشى مۇمكىن). شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا دېيىلىۋاتىدۇكى، ئامانلىق خەۋىرى ياكى قورقۇنچ خەۋىرى بولسۇن، ئاۋام-خەلققە تارقىتىۋەتكەنىنىڭ ئورنىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياكى مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە يەتكۈزۈڭلار، ئۇلار بۇ خەۋەر راستمۇ ياكى يالغانمۇ تەكشۈرىدۇ. ئەگەر راست بولسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ خەۋەردىن مۇسۇلمانلارنى ۋاقىپلاندۇرۇش پايدىلىقمۇ ياكى ۋاقىپلاندۇرماسلىق پايدىلىقراقمۇ؟ شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ قائىدە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى مۇھىم ۋە زۆرۈر بولسىمۇ، جەڭ بولۇۋاتقان چاغلاردا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ﴿يَسۡتَنۢبِطُ﴾ دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى ”نَبۡطٌ“دۇر، قۇدۇق قازغان ۋاقىتتا ھەممىدىن بۇرۇن چىققان سۇ ”نَبۡطٌ“ دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ”اِسۡتِنۢبَاطٌ“نىڭ مەنىسى، تەكشۈرمەك، تەتقىق قىلماق، بىر سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى ئىزدەپ تاپماق دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

فَقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفۡسَكَۚ وَحَرِّضِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ
عَسَى ٱللَّهُ أَن يَكُفَّ بَأۡسَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ وَٱللَّهُ أَشَدُّ بَأۡسٗا وَأَشَدُّ
تَنكِيلٗا ٨٤ مَّن يَشۡفَعۡ شَفَٰعَةً حَسَنَةٗ يَكُن لَّهُۥ نَصِيبٞ مِّنۡهَاۖ
وَمَن يَشۡفَعۡ شَفَٰعَةٗ سَيِّئَةٗ يَكُن لَّهُۥ كِفۡلٞ مِّنۡهَاۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ
شَيۡءٖ مُّقِيتٗا ٨٥ وَإِذَا حُيِّيتُم بِتَحِيَّةٖ فَحَيُّواْ بِأَحۡسَنَ مِنۡهَآ أَوۡ رُدُّوهَآۗ
إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ حَسِيبًا ٨٦ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ لَيَجۡمَعَنَّكُمۡ
إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ فِيهِۗ وَمَنۡ أَصۡدَقُ مِنَ ٱللَّهِ حَدِيثٗا ٨٧

(ئى پەيغەمبەر!) شۇڭا سەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىۋەرگىن (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگىن) سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن، مۇئمىنلەرنى (جىھاد قىلىشقا) رىغبەتلەندۈرگىن، ئاللاھ كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلارنىڭ كۈچىنى (يەنى ئۇرۇشىنى) چوقۇم توسۇپ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر [84]. كىمكى (كىشىلەر ئارىسىدا) بىرەر ياخشى ئىش ئۈچۈن شاپائەت قىلسا (يەنى ھەمكارلاشسا، ۋاستە بولسا)، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ ساۋابىدىن بىر نېسىۋە بولىدۇ. كىمكى بىرەر يامان ئىش ئۈچۈن شاپائەت قىلسا (يەنى ھەمكارلاشسا، ۋاستە بولسا)، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ گۇناھىدىن بىر نېسىۋە بولىدۇ. ئاللاھ ھەممە ئىشقا قادىردۇر [85]. بىر كىشى سىلەرگە سالام بەرسە، ئۇنىڭ سالىمىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بىلەن قايتۇرۇڭلار① (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار). شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ (يەنى بەندىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنىڭ) ھېسابىنى ئالغۇچىدۇر [86]. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا) جەزمەن

***يىغىدۇ. ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى سۆزىدە، ۋەدىسىدە ئاللاھتىنمۇ سادىق ھېچكىم يوق) [87].***

① ﴿ تَحِيَّة﴾ ئەسلىدە "تَحْيِيَةٌ" (تَفْعِيْلَةٌ) ۋەزنى بىلەن كەلگەن سۆز بولۇپ، ئاۋالقى «ي» ئىككىنچى «ي»غا قوشۇلۇپ ( تَحِيَّةٌ ) بولغان، ئۇنىڭ مەنىسى ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە سالام قىلىش مەنىسىدە كەلگەن. (فەتھۇلقەدىر) «سالامنى تېخىمۇ ياخشىسى بىلەن قايتۇرۇش»نىڭ شەرھىسى ھەدىستە كۆرسىتىلگەن بويىچە، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»نىڭ جاۋابىغا «ۋەرەھمەتۇللاھى»نى قوشۇش، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ»نىڭ جاۋابىغا «ۋەبەرەكاتۇھۇ»نى قوشۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر كىشى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دېسە، ئۇنىڭ جاۋابىغا شۇنىڭ ئۆزىلا قوشۇپ جاۋاب بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق قوشۇلمايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم› دەپ سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇردى. سالام قىلغان كىشى بېرىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئون ساۋاب› دېدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇردى. سالام بەرگەن كىشى ئولتۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹يىگىرمە ساۋاب› دېدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇردى. ئاندىن ئۇ كىشى ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئوتتۇز ساۋاب› دېدى.» (مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 439-بەت، 440-ھەدىس) بۇ ھۆكۈم پەقەت مۇسۇلمانلارغا خاستۇر. يەنى بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا سالام قىلغاندا شۇنداق قىلىدۇ، ئەمما زىممىلار (يەنى مۇسۇلمانلارغا تۆلەم تۆلەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان يەھۇدىي ۋە ناسارالار)غا مۇسۇلمانلار بالدۇر سالام قىلمايدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا باشتا سالام قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرغاندا قوشۇپ قايتۇرمايدۇ. بەلكى، ئۇلارغا «ۋەئەلەيكە» يەنى «ساڭىمۇ بولسۇن!» دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يەھۇدىيلار سىلەرگە سالام قىلغاندا: ‹ئەسسامۇ ئەلەيكە› (يەنى ساڭا ئۆلۈم بولسۇن) دەيدۇ. سىلەر (ئۇنىڭغا): ‹ۋەئەلەيكە› (يەنى ساڭىمۇ

بولسۇن!) دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار». (سەھىھۇل بۇخارى 6258 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2163 ـ ھەدىس)

﴿ فَمَا لَكُمْ فِي ٱلْمُنَٰفِقِينَ فِئَتَيْنِ وَٱللَّهُ أَرْكَسَهُم بِمَا كَسَبُوٓاْ أَتُرِيدُونَ أَن تَهْدُواْ مَنْ أَضَلَّ ٱللَّهُ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ سَبِيلًا ﴿٨٨﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟ ① ئاللاھ ئۇلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (كۇفرىغا ۋە گۇمراھلىققا) قايتۇرۇۋەتتى②، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ كىمنىكى ئاللاھ ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا (ھىدايەتكە) ھەرگىز بىرەر يول تېپىپ بېرەلمەيسەن③ [88].***

① بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇ مۇناپىقلار ھەققىدە ئىختىلاپ بولماسلىقى كېرەك. بۇ يەردىكى «مۇناپىقلار» ئۇھۇد غازىتىغا مەدىنىدىن بىللە چىقىپ، بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئالمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، يېرىم يولدىن قايتىپ كەتكەن مۇناپىقلارنى كۆرسىتىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارىدا شۇنداق كەلگەن) بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى بايان قىلىندى. ئۇز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار بۇ مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى، بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كېرەك دەپ قارىسا؛ يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئۇنداق قىلىش پايدىسىز دەپ قارايتتى.

② «قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن» يەنى ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى ۋە جىھادتىن يۈز ئۆرىگەنلىكى سەۋەبىدىن. ﴿أَرْكَسَهُمْ﴾ دېگەن قايتۇردى. يەنى ئۇلارنى ئىلگىرى قوتۇلغان كۇفرى-زالالەتكە قايتۇردى، ئۇنىڭغا مۇپتىلا قىلدى ياكى ھالاك بولۇشىغا سەۋەب قىلدى دېمەكتۇر.

③ كۇفرىدا ئىزچىل چىڭ تۇرىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ ئازدۇرغان ۋە

دىللىرىغا مۆھۈر بېسىۋەتكەنلەرگە ھېچكىم توغرا يول تېپىپ بېرەلمەيدۇ.

وَدُّواْ لَوْ تَكْفُرُونَ كَمَا كَفَرُواْ فَتَكُونُونَ سَوَآءًۖ فَلَا تَتَّخِذُواْ
مِنْهُمْ أَوْلِيَآءَ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَخُذُوهُمْ
وَٱقْتُلُوهُمْ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْۖ وَلَا تَتَّخِذُواْ مِنْهُمْ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿٨٩﴾
إِلَّا ٱلَّذِينَ يَصِلُونَ إِلَىٰ قَوْمِۭ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَٰقٌ أَوْ جَآءُوكُمْ
حَصِرَتْ صُدُورُهُمْ أَن يُقَٰتِلُوكُمْ أَوْ يُقَٰتِلُواْ قَوْمَهُمْۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ
لَسَلَّطَهُمْ عَلَيْكُمْ فَلَقَٰتَلُوكُمْۚ فَإِنِ ٱعْتَزَلُوكُمْ فَلَمْ يُقَٰتِلُوكُمْ وَأَلْقَوْاْ
إِلَيْكُمُ ٱلسَّلَمَ فَمَا جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمْ عَلَيْهِمْ سَبِيلًا ﴿٩٠﴾

***ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنداقلا، ئۆزلىرى بىلەن (كاپىرلىقتا، مۇناپىقلىقتا) باراۋەر بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە (يەنى ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنى ئىسپاتلىمىغۇچە) ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار①، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن) باش تارتسا، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار② شۇ يەردە تۇتۇڭلار ۋە ئۆلتۈرۈڭلار③، ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار، ياردەمچىمۇ قىلماڭلار [89]. پەقەت سىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا ئەھدە بولغان بىر قەۋمگە قوشۇلغانلار ياكى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۆز قەۋمىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن يۈرەكلىرى سىقىلىپ (يەنى سىلەر تەرەپمۇ ئەمەس، ئۆز قەۋمى تەرەپمۇ ئەمەس بولۇپ) يېنىڭلارغا كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى مۇنداقلارنى ئۆلتۈرمەڭلار ۋە ئەسىر ئالماڭلار) ④. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى سىلەرگە قارشى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ قوياتتى، ئاندىن ئۇلار ئەلۋەتتە، سىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى⑤ (يەنى ئاللاھ ئۇلارنى كۈچلۈك قىلىپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلاتتى)، ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا (يەنى سىلەرگە چېقىلمىسا)، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تىنچلىق (سۈلھى) تەكلىپ سۇنسا⑥، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا***

*ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ [90].*

① ھىجرەت قىلغانلىقى «ۋەتەننى تەرك ئەتكەنلىكى» ئۇلارنىڭ سەممىي مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى دوست تۇتۇش ۋە ياخشى كۆرۈش جايىز بولىدۇ.

② يەنى ئۇلارغا قارشى تۇرغۇدەك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان چاغدا.

③ ھەرەمدە بولسۇن ياكى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولسۇن.

④ يەنى تۆۋەندىكى ئىككى خىل كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ: بىرىنچىسى، سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن كىشىلەرگە قوشۇلغانلار يەنى شۇلارنىڭ بىر ئەزاسى ياكى شۇلارنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتكەنلەرنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئىككىنچىسى، سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۆز قەۋمىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن يۈرەكلىرى سىقىلغان ھالدا يەنى سىلەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۇرۇشماي، سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنىمۇ خالىماي يېنىڭلارغا كەلگەنلەرنى ئۆلتۈرمەڭلار.

⑤ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن قالدۇرغانلىقى ئۇنىڭ مەرھەمىتىدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىلىغا ئۆز قەۋمىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش جۈرئىتىنى سالغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇلارمۇ سىلەرگە قارشى ئۇرۇشقان بولاتتى. شۇ ۋەجىدىن ئەگەر ئۇلار راستىنلا ئۇرۇشتىن يىراق تۇرسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلماڭلار.

⑥ يەنى سىلەردىن يىراق تۇرۇپ، چېقىلمىسا، ئۇرۇشمىسا ۋە سۈلھى قىلىش نىيىتىنى ئىزھار قىلسا دېگەن بۇ ئۈچ سۆزنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە تەكىتلەش ۋە چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن ئۈچ خىل سۆز ئىشلىتىلىپ، باشتىنلا جەڭگە ئارىلاشمايدىغانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا دىققەت قىلسۇن ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا ئەسكەرتىش بېرىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشماسلىقى مۇسۇلمانلارغىمۇ پايدىلىق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزىنىڭ مەرھەمىتى سۈپىتىدە بايان قىلدى. ئۇلارغا قارىتا قاتتىق قوللۇق قىلىش ياكى ئېھتىيات قىلماستىن باشقىچە مۇئامىلە قىلىش ئۇلارنىڭ قەلبىدىمۇ قارشى تۇرۇش ئىستىكى پەيدا قىلىپ قويۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زىيانلىق ئىدى. شۇنىڭ

ئۇچۇن ئۇلار قاچانغىچە سىلەرگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار. ئۇلارنىڭ مىسالى، بەدرى غازىتى بولغان كۈنى ھاشىم جەمەتىدىن مەجبۇرىي ئۇرۇشقا چىققان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۇرۇشۇشنى خالىمىغان ھالدا مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن ئۇرۇش مەيدانىغا مەجبۇرىي كەلگەن ئىدى. ئۇلار مۇشرىكلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ تاغىسى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق تېخى مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەر بار ئىدى. ھەرھالدا ئۇلار كۆرۈنۈشتە كاپىرلارنىڭ چېدىرلىرىدا ئىدى. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام ساھابىلىرىگە تەلىمات بېرىپ، ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەپ، ئەسىر ئېلىشقىلا ئەمر قىلدى. ﴿السَّلَمَ﴾ بۇ يەردە "مُسَالَمَةُ" يەنى سۇلھى دېگەن مەنىدە.

سَتَجِدُونَ ءَاخَرِينَ يُرِيدُونَ أَن يَأۡمَنُوكُمۡ وَيَأۡمَنُواْ قَوۡمَهُمۡ كُلَّ مَا رُدُّوٓاْ إِلَى ٱلۡفِتۡنَةِ أُرۡكِسُواْ فِيهَاۚ فَإِن لَّمۡ يَعۡتَزِلُوكُمۡ وَيُلۡقُوٓاْ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَمَ وَيَكُفُّوٓاْ أَيۡدِيَهُمۡ فَخُذُوهُمۡ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡۚ وَأُوْلَٰٓئِكُمۡ جَعَلۡنَا لَكُمۡ عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٗا مُّبِينٗا ﴿٩١﴾

***(ئىماننى ئىزھار قىلىش بىلەن) سىلەردىنمۇ ئامانلىققا ئېرىشمەكچى ۋە قەۋمىگە قايتقاندا (كۇفرىنى ئىزھار قىلىش بىلەن) ئۆز قەۋمىدىنمۇ ئامانلىققا ئېرىشمەكچى بولغان ئىككىنچى بىر خىل كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار)نى كۆرىسىلەر①، ئۇلار ھەرقاچان پىتنە ـ پاساتقا (يەنى كۇفرىغا ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا) چاقىرىلسا②، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەرگە تىنچلىق (سۇلھى) تەكلىپ سۇنمىسا، (سىلەر بىلەن) ئۇرۇش قىلىشتىن قول يىغمىسا③، بۇ چاغدا ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇڭلار (ئەسىر ئېلىڭلار) ۋە ئۆلتۈرۈڭلار. (ئۇلارنىڭ خىيانىتى سەۋەبلىك) ئۇلارغا قارشى (ئۇرۇش قىلىشىڭلار ئۈچۈن) سىلەرگە ئوپئوچۇق دەلىل تۇرغۇزۇپ بەردۇق④ [91].***

① بۇ يەردە ئۈچىنچى بىر گۇرۇھ كىشىلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار مۇناپىقلار ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئىسلامنى ئىزھار قىلاتتى؛ ئۆز قەۋمىنىڭ يېنىغا بارغاندا شېرىك ئەمەل يەنى بۇتپەرەسلىك قىلاتتى، ئۇلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزلىرىنى بۇلار بىزنىڭ دىنىمىزدا ئىكەن دېگەن قارىشىنى جۇملىدىن ئامانلىقنى قولغا كەلتۈرەتتى، شۇ تەرىقىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن مەنپەئەت ھاسىل قىلاتتى.

② بۇ ئايەتنىڭ ئىككى مەنىسى بار: بىرىنچى مەنىسى بويىچە، ﴿الْفِتْنَةِ﴾ دېگەندە شېرىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ ئالغاندا، ئۇلار ھەر قاچان شېرىككە چاقىرىلسا، ﴿أُرْكِسُوا فِيهَا﴾ ئۇنىڭغا قايتىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىدۇ، دېگەن بولىدۇ. ئىككىنچى مەنىسى بويىچە، ﴿الْفِتْنَةِ﴾ دېگەندە ئۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ ئالغاندا، ئۇلار ھەر قاچان مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىلسا، يەنى ئۇرۇش قىلىشقا قايتۇرۇلسا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئاسانلا ئۇنايدۇ، دېگەن بولىدۇ.

③ ﴿يُلْقُوا﴾ «سىلەرگە تىنچلىق (سۈلھى) تەكلىپ سۇنمىسا» ۋە ﴿يَكُفُّوا﴾ «ئۇرۇشۇشتىن قول يىغمىسا»نىڭ باغلىغۇچىسى ﴿يَعْتَزِلُوكُمْ﴾ «ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا»غا قارىتىلغان، يەنى ھەممىسى بولۇشسىز مەنىدە بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا بولۇشسىز قوشۇمچىسى ﴿لَمْ﴾ قوشۇلىدۇ.

④ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇناپىقلىق ۋە سىلەرگە قارشى دۈشمەنلىك بارلىقىغا ئوپئوچۇق پاكىت تۇرغۇزۇپ بەردۇق. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار تېزلا قايتىدىن (شېرىك ئەمەل ياكى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ماقۇل بولۇشتىن ئىبارەت) پىتنىگە مۇپتىلا بولدى.

وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ أَن يَقْتُلَ مُؤْمِنًا إِلَّا خَطَـًٔا ۚ وَمَن قَتَلَ مُؤْمِنًا خَطَـًٔا
فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ وَدِيَةٌ مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَصَّدَّقُوا۟ ۚ فَإِن
كَانَ مِن قَوْمٍ عَدُوٍّ لَّكُمْ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ۖ وَإِن
كَانَ مِن قَوْمٍۭ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَـٰقٌ فَدِيَةٌ مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ
وَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ۖ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ

تَوۡبَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿٩٢﴾

*سەۋەنلىك بولۇپ قالمىسىلا①، بىر مۇئمىننىڭ يەنە بىر مۇئمىننى (قەستەن) ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس②، كىمكى بىرەر مۇئمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە (ۋارىسلىرىغا) دىيەت (تۆلەم) تۆلىشى كېرەك③، پەقەت ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىنىڭ دىيەتنى سەدىقە قىلىش يۈزىسىدىن كەچۈرۈم قىلىۋېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا (بۇ چاغدا قاتىل ئۇنى تۆلىمىسىمۇ بولىدۇ)④، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇئمىن سىلەرگە دۈشمەن (كاپىر) قەۋمدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم بىر مۇئمىن قۇلنىلا ئازاد قىلسا بولىدۇ⑤؛ ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئاراڭلاردا مۇئاھەدە (كېلىشىم) بولغان (كاپىر) قەۋمدىن بولسا، قاتىل ئۇنىڭ ئائىلىسىگە دىيەت تۆلەيدۇ ۋە بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلىدۇ⑥. قۇل ئازاد قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئادەم ئاللاھقا تەۋبە قىلىش يۈزىسىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم⑦. ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [92].*

① سەۋەنلىكنىڭ سەۋەب ۋە ئامىللىرى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى نىيەتتە ئۆلتۈرۈش بولماسلىقىدۇر.

② بۇ مەنپىي جۈملە چەكلەش مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ھاراملىقنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بىر مۇئمىننىڭ يەنە بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈشى مەنئى قىلىنىدۇ، بۇ ھارامدۇر. بۇ مەنپىي جۈملە يەنە بىر ئايەتتىكى جۈملىگە ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَمَا كَانَ لَكُمۡ أَن تُؤۡذُواْ رَسُولَ ٱللَّهِ﴾ ﴿سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس﴾ يەنى ھارامدۇر. (سۈرە ئەھزاب 53-ئايەت)

③ بۇ يەردە خاتا ئۆلتۈرۈپ قويغاننىڭ ئىككى خىل فىدىيەسى بايان قىلىندى: بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ سوراش يۈزىسىدىن كاپارەت بېرىش، يەنى بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازات قىلىش. ئىككىنچىسى، بەندىلەرنىڭ ھوقۇقى بولغان دىيەتنى تۆلەش. بۇ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قېنى

بەدىلىگە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا بېرىلىدىغان تۆلەم بولۇپ، شەرىئەتتە دىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. دىيەتنىڭ مىقدارى ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگىنى بويىچە يۈز تۆگە ياكى شۇنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كېلىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش ياكى نەخ پۇل بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىدىن قىساس ئېلىنىدۇ ياكى ئۇ ئېغىر دىيەت تۆلەيدۇ. ئېغىر دىيەتنىڭ مىقدارى يۈز تۆگە بولۇپ، تۆگىلەرنىڭ ياش پەرقىگە قاراپ ئۈچ خىل ئۆلچىمى ۋە شەرتى بولىدۇ. ئەمما سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنگە پەقەت دىيەت كېلىدۇ، قىساس كەلمەيدۇ. بۇ خىل دىيەتنىڭ مىقدارى يۈز تۆگىدۇر، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلچىمى ئېغىر ئەمەس. مەسىلەن: بۇ خىل دىيەتنىڭ قىممىتى سۈنەن ئەبى داۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە 800 دىنار ئالتۇن ياكى 8000 دەرھەم كۈمۈش، تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە1200 دەرھەم دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە دىيەتنىڭ قىممىتى كەم-زىيادە قىلىنغان ۋە ھەر خىل كەسىپ ئىگىلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ تۈرىمۇ ھەر خىل بەلگىلەنگەن ئىدى. (ئىرۋائۇلغەلىل، 8-توم) دېمەك، دىيەت ئەسلىدە يۈز تۆگە دېگەننى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ھەر دەۋردىكى باھا بويىچە ئۇنىڭ قىممىتى بەلگىلىنىدۇ.) تەپسىلاتى ئۈچۈن ھەدىسلەر شەرھىسى ۋە فىقھى كىتابلارغا قارالسۇن)

④ ئايەتتە دىيەتنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنىڭ ﴿اَنْ يَّصَّدَّقُوا﴾ سەدىقە قىلىۋېتىش دەپ ئىپادىلىنىشىدىكى مەقسەت كەچۈرۈم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

⑤ يەنى بۇنداق ئەھۋالدا دىيەت كەلمەيدۇ. ئۆلىمالار ئۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدى: ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى ئۇرۇش قىلغۇچى كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ دىيىتىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولالمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا ۋارىس بولالمايدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق بىر سەۋەبنىمۇ بايان قىلىدى: ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇسۇلمان ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلمىغان بولسا، ئۇ چاغدا ھىجرەت قىلىش قاتتىق تەلەپ قىلىنغان ئىدى، بۇ خاتالىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قېنىنىڭ ھۆرمىتىمۇ كەم بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑥ بۇ ئۈچىنچى خىل شەكلى بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ ئىلگىرىكىسىگە ئوخشاش مەزكۇر كاپارەت ۋە دىيەت بار. بەزى ئۆلىمالار ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى

زىممى بولسا، ئۇنىڭ دىيىتى مۇسۇلماننىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمى بولىدۇ دېدى، لېكىن ھەممىدىن توغرىسى شۇكى، بۇ ئۇچىنچى شەكىلدىمۇ بايان قىلىنىۋاتقىنى مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ھۆكمىدۇر.

⑦ يەنى ئەگەر قۇل ئازات قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىسە، بىرىنچى ۋە ئۇچىنچى خىل ئەھۋالدا دىيەت تۆلەش بىلەن بىرگە ئۇزۇلدۇرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇش كېرەك. ئەگەر ئارىلىقتا ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنە باشتىن تۇتۇش لازىم. لېكىن ئەگەر شەرئىي ئۆزرىلىك بولۇپ، ئۈزۈلۈپ قالسا، باشتىن تۇتۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مەسىلەن: ھەيز، نىپاس ياكى ئېغىر كېسەللىك سەۋەبىدىن روزا تۇتالماي قالسا، ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، ئەمما سەپەرگە چىقىشنىڭ قانۇنلۇق ئۆزرە ھېسابلىنىشى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُۥ جَهَنَّمُ خَٰلِدًا فِيهَا وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُۥ وَأَعَدَّ لَهُۥ عَذَابًا عَظِيمًا ﴿٩٣﴾

***كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ، لەنەت قىلىدۇ① ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازاب تەييارلايدۇ② [93].***

① بۇ قەستەن ئۆلتۈرگەننىڭ جازاسىدۇر. ئۆلتۈرۈش ئۈچ خىل بولىدۇ: 1. سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈش (ئالدىنقى ئايەتتە تىلغا ئېلىندى). 2. قەستەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆلتۈرۈش (بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىندى) 3. قەستەن ئۆلتۈرۈش. يەنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بىلەن قىلىچ، قورال ۋە پىچاققا ئوخشاش ئادەتتە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان نەرسە بىلەن ئۆلتۈرۈش. ئايەتتە مۇئمىننى ئۆلتۈرگەنلىكنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە قاتتىق ئازابقا لايىق بولىدىغانلىقى بايان قىلىندى. مەسىلەن: ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىش، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇش، رەھمەتتىن مەھرۇم قىلىش يەنە چوڭ ئازاب قاتارلىق جازاسىمۇ بولىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا بۇ قەدەر ئېغىر جازالار ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر جىنايەتكە

بىرىلگەن ئەمەس، بۇنىڭدىن بىر مۆئمىننى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ھەدىسلەردىمۇ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ جازاسى بايان قىلىندى.

② مۆئمىننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ ياكى قىلىنمامدۇ؟ بەزى ئۆلىمالار ئۇنىڭغا مەزكۇر ئېغىر جازالارنىڭ ۋەدە قىلىنغانلىقىغا ئاساسەن تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ دەلىللىرىدىن ھەر قانداق گۇناھنىڭ سەمىمىي تەۋبە قىلىش بىلەن ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. ﴿پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾. (سۈرە فۇرقان 70-ئايەت) بۇ ئايەت ۋە باشقا تەۋبە ئايەتلىرى ئومۇمىي بولۇپ، ھەر قانداق گۇناھ مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، سەمىمىي تەۋبە قىلىش بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىشى مۇمكىندۇر. بۇ ئايەتتە «ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم» دەپ كەلگەنلىكى، ئەگەر ئۇ تەۋبە قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق جازا بېرىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇ تەۋبە قىلمىغان ئەھۋالدا، «جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى، «ئۇزۇن مۇددەت قالىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىش كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارغا خاستۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆلتۈرۈش بەندىلەر ھوقۇقىغا ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن تەۋبە قىلىش بىلەنمۇ ئەپۇ قىلىنمايدۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا قادىردۇر. يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىگە لايىقىدا بەدەل بېرىشكە ۋە قاتىلنى ئەپۇ قىلىشقىمۇ قادىردۇر. (فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا ضَرَبۡتُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَتَبَيَّنُواْ وَلَا تَقُولُواْ
لِمَنۡ أَلۡقَىٰٓ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَٰمَ لَسۡتَ مُؤۡمِنٗا تَبۡتَغُونَ عَرَضَ ٱلۡحَيَوٰةِ
ٱلدُّنۡيَا فَعِندَ ٱللَّهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٞۚ كَذَٰلِكَ كُنتُم مِّن قَبۡلُ فَمَنَّ ٱللَّهُ
عَلَيۡكُمۡ فَتَبَيَّنُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٗا ٩٤ لَّا يَسۡتَوِي
ٱلۡقَٰعِدُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ غَيۡرُ أُوْلِي ٱلضَّرَرِ وَٱلۡمُجَٰهِدُونَ فِي سَبِيلِ

ٱللَّهِ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡۚ فَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلۡمُجَٰهِدِينَ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ عَلَى ٱلۡقَٰعِدِينَ دَرَجَةٗۚ وَكُلّٗا وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ وَفَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلۡمُجَٰهِدِينَ عَلَى ٱلۡقَٰعِدِينَ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٩٥﴾

*ئى مۇئمنلەر! ئاللاھ يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا (ئۇچرىغانلارنىڭ مۇئمىن ياكى ئەمەسلىكىنى) ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار (يەنى مۇئمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە (ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ) سالام بەرگەن ئادەمگە ـــ دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىيمەتنى) كۆزلەپ ـــ «سەن مۇئمىن ئەمەسسەن» دېمەڭلار (يەنى ئۆلتۈرۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)①، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىيمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار②، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، شۇڭا (چوقۇم ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ) ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [94]. مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار ئاللاھ يولىدا پۇل ـ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ③. ئاللاھ پۇل ـ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلارنى (بىرەر ئۆزرە تۈپەيلى) جىهادقا چىقالمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىهادقا چىقالمىغانلار ۋە جىهادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى④. ئاللاھ جىهاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ) جىهادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق قىلدى. [95]*

① بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «سەلىم جەمەتىدىن بىر (پادىچى) كىشى بىر تۈركۈم ساھابىلارنىڭ قېشىدىن قويلىرىنى ھەيدىگەچ ئۇلارغا

سالام قىلىپ ئۆتتىدۇ، شۇ چاغدا ساھابىلار: ‹ئۇ بىزگە پەقەت بىزنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىمىزدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سالام قىلدى› دېيىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ قويلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا (غەنىيمەت سۈپىتىدە) ئېلىپ كېلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت چۈشىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى، 4591 ـ ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 3030 ـ ھەدىس، تەپسىر سۈرە نىسا) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «سىلەرمۇ ئىلگىرى مەككىدە خۇددى ئۇ پادىچى ئىمانىنى يوشۇرغاندەك ئىمانىڭلارنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدىڭلار». (سەھىھۇل بۇخارى، 6866 ـ ھەدىس ) دېمەك، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھېچقانداق يول يوق ئىدى.

② يەنى سىلەر بىر پادىچىنى ئۆلتۈرۈپ ئېرىشكەن بىر نەچچە قويلار، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشى نېمەتلەر بار. بۇ نېمەتلەرگە سىلەر ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق دۇنيادىمۇ ئېرىشەلەيسىلەر ۋە ئاخىرەتتىمۇ شەكسىز ئېرىشىسىلەر.

③ دەسلەپتە جىھادقا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرغانلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ دەپ ئايەت چۈشكەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇمەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئەما ئىدى) قاتارلىق ئۆزرىسى بار ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ دېدىكى، بىز ئۆزرىلىك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن جىھادقا قاتناشماي ئۆيدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇرمىز. يەنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن جىھادقا قاتناشقانلارغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشەلمەيمىز، ھالبۇكى، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغانلىقىمىز جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شەرئىي ئۆزرىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: ﴿ئۆزرىسىز تۇرۇپ (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ، ئۆزرىسى بارلارنى مۇستەسنا قىلدى. دېمەك ئۆزرە سەۋەبلىك جىھادقا چىقالمىغانلار مۇجاھىدلار بىلەن ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ساۋابىغا شېرىك بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەدىنىدە سىلەر بىلەن بىللە يول يۈرمىگەن ۋە جىلغىلارنى كېسىپ ئۆتمىگەن، لېكىن ساۋابتا سىلەر بىلەن ئوخشاش بولىدىغان كىشىلەر بار.» بۇنى ئاڭلىغاندا ساھابىلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى،

ئـۇلار مەدىنىدىمـۇ؟» دەپ سـورىدى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: «ھەئـە، ئۇلارنىـڭ ئۆزرىسـى بولغاچقـا قىلىـپ قالغـان» دېـدى. (سـەھىھۇل بۇخـارى 2839-ھەدىس)

④ يەنـى جىھادقـا قاتناشـمىغان كىشـىلەر، گەرچـە ماللىرىنـى ۋە جانلىرىنـى تىكىـپ جىھـاد قىلغۇچـىلار ئېرىشـىدىغان ساۋابتىن مەھـرۇم قالسـىمۇ، ئاللاھ تائـالا ھـەر ئىككىسـىگە ياخشـىلىقنى يەنـى جەننەتنـى ۋەدە قىلـدى. ئۆلىمـالار بـۇ ئايەتنـى دەلىـل كەلتـۈرۈپ، جىھـاد ئومۇمـى ئەھۋالـدا پـەرز ئەيـن ئەمـەس، بەلكـى پـەرز كۇپايـە دەيـدۇ. يەنـى ئەگـەر بىـر جىھادقـا ئېھتىياجغـا كۆرە يېتەرلىـك مىقـداردا كىشـىلەر قاتناشـقان بولسـا، شـۇ رايوندىكـى باشـقا كىشـىلەر تەرىپىدىنمـۇ بـۇ پـەرز ئـادا قىلىنغـان ھېسابلىنىـدۇ.

دَرَجَٰتٖ مِّنۡهُ وَمَغۡفِرَةٗ وَرَحۡمَةٗۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمًا ﴿٩٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِيٓ أَنفُسِهِمۡ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمۡۖ قَالُواْ كُنَّا مُسۡتَضۡعَفِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ قَالُوٓاْ أَلَمۡ تَكُنۡ أَرۡضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٗ فَتُهَاجِرُواْ فِيهَاۚ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ﴿٩٧﴾

***ئاللاھ (ئۇلارغا) ئـۆز دەرگاھىدىـن يۇقىـرى مەرتىۋىلـەر، مەغپىـرەت ۋە رەھمـەت ئاتـا قىلـدى، ئاللاھ ئەزەلدىـن مەغپىـرەت قىلغۇچىـدۇر، ناھايىتـى مېھرىبانـدۇر [96]. شۈبھىسـىزكى، (ھىجرەتنـى تـەرك ئېتىـپ ئۆزلىرىگـە) زۇلـۇم قىلغۇچىلارنىـڭ جانلىـرى پەرىشـتىلەر تەرىپىدىـن ئېلىنىدىغـان چاغـدا، پەرىشـتىلەر ئۇلاردىـن: «سىلەر (بـۇرۇن دىنىڭلارنىـڭ ئىشـىدا) قايسـى ھالەتتـە ئىدىـڭلار؟» دەپ سـورايدۇ① . ئـۇلار: «بىـز زېمىنـدا (يەنـى مەككـە زېمىنىـدا) بىـز (دىنىنـى بەرپـا قىلىشـتىن ئاجىـز كەلگـەن) بـوزەك قىلىنغـان ئىـدۇق» دەيـدۇ② . پەرىشـتىلەر: «ھىجـرەت قىلسـاڭلار، ئاللاھنىـڭ زېمىنـى كەڭـرى ئەمەسـمىدى؟» دەيـدۇ. ئەنـە شـۇ (ھىجـرەت قىلمىغان)لارنىـڭ بارىدىغـان جايـى جەھەننەمـدۇر. جەھەننـەم نېمىدېگـەن يامـان جـاي! [97]***

① بۇ ئايەت مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمان بولۇپ بولغان تۇرۇپمۇ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يۇرت-ماكانلىرى ۋە ئائىلىسىنى تەرك ئېتىپ ھىجرەت قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرغان كىشىلەر ھەققىدە چۈشكەن. ھالبۇكى، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى بىر جايغا توپلاش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشقا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بۇيرۇق چۈشۈپ بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرەت قىلىش بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغانلار بۇ يەردە زالىم دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەم دېيىلدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ۋەزىيەت ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئىسلامنىڭ بەزى بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىش مۇسۇلمان بولغانلىق ھېسابلانسا؛ قىلماسلىق كاپىر بولغانلىق ھېسابلىنىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: بۇ ئايەت چۈشكەن چاغدا ھىجرەت قىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسى؛ ھىجرەت قىلماسلىق كاپىرلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن يەنە ئىسلامنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىش مۈشكۈل بولغان، كاپىرلار بىلەن بىللە ياشاش ئۇلارنى قوللىغانلىق بولۇپ قالىدىغان شارائىتتا، كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشنىڭ پەرز بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

② بۇ يەردىكى «زېمىن» دېگەندىن ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ئېتىبارى بىلەن مەككە زېمىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن «ئاللاھنىڭ زېمىنى» دېگەندىن مەدىنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئەمما ھۆكۈم ئېتىبارى بىلەن مەدىنىگىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيدۇر، يەنى دەسلەپكى «زېمىن» دېگەندىن ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىش قىيىن بولغان كاپىرلار زېمىنى كۆزدە تۇتۇلسا، «ئاللاھنىڭ زېمىنى» دېگەندىن ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ھىجرەت قىلىشقا بولىدىغان ھەر قانداق زېمىن ۋە جاي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

إِلَّا ٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ لَا يَسْتَطِيعُونَ
حِيلَةً وَلَا يَهْتَدُونَ سَبِيلًا ﴿٩٨﴾ فَأُوْلَٰٓئِكَ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَعْفُوَ عَنْهُمْۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ عَفُوًّا غَفُورًا ﴿٩٩﴾ ۞ وَمَن يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يَجِدْ فِي
ٱلْأَرْضِ مُرَٰغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةًۚ وَمَن يَخْرُجْ مِنۢ بَيْتِهِۦ مُهَاجِرًا إِلَى
ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ يُدْرِكْهُ ٱلْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ

غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٠٠﴾

***پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، باللاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا① [98]. ئەنە شۇلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [99]. كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا نۇرغۇن چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ②. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ③. ئاللاھ ئەزەلدىن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر [100].***

① بۇ ئايەت ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان، يول بىلمەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاياللار ۋە باللارنى ھىجرەت بۇيرۇقىدىن مۇستەسنا قىلدى. گەرچە باللاردىن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنمىسىمۇ، ھىجرەتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ باللارنىڭمۇ ھىجرەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ ياكى بۇنىڭدا بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا تۇرغان باللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② بۇ ئايەت ھىجرەتكە تەرغىب قىلىش بىلەن بىرگە مۇشرىكلاردىن ئايرىم ياشاشقا تەرغىب قىلىدۇ. ﴿ مُرٰغَمًا ﴾نىڭ مەنىسى ئورۇن، تۇرىدىغان جاي ياكى پاناھ جاي. ﴿ سَعَةً ﴾نىڭ مەنىسى رىزىقنىڭ كەڭلىكى ۋە پاناھ جاينىڭ كەڭلىكى، كەڭچىلىك، تۇرمۇش پاراغىتى دېگەنلىك بولىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە ئىنسان گەرچە قىلماقچى بولغان ئىشىنى ئۆلۈم سەۋەبلىك ئورۇندىيالمىسىمۇ، نىيىتىگە يارىشا ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى. بۇنىڭ ئەمەلىي بىر مىسالى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن بىر كىشى يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تەۋبە قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ تەۋبە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەھىرىدىن باشقا بىر شەھەرگە ھىجرەت قىلىپ كېتىۋاتقاندا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى

تالىشىپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئىككى زېمىننىڭ ئارىلىقىنى يەنى ئۇ كىشىنىڭ شەھىرى بىلەن بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ بۇرۇنقى شەھىرىنىڭ ئارىلىقىنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ ھىجرەت قىلىپ ماڭغان شەھەرگە بىر غېرىچ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئېلىپ كېتىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 3470-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2766-ھەدىس) شۇنىڭدەك كىمكى ھىجرەت قىلىش نىيىتى بىلەن ئۆيدىن چىقىپ، سەپەر ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسە، گەرچە مەنزىلگە يېتىپ بارالمىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھىجرەت قىلغاندەك ساۋابقا چوقۇم ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتتە بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق. شۇنداقلا ھەر كىم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ. كىمكى دۇنيادا پۇل - مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 1-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1907-ھەدىس) بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى دىندىكى ھەممە ئىشلارغا ئومۇمىيدۇر. يەنى ھەرقانداق ئىشنى قىلىدىغان ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ رىزالىقى نەزەردە تۇتۇلسا، ئۇ ئەمەل قوبۇل بولىدۇ، بولمىسا رەت قىلىنىدۇ.

وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي ٱلْأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَقْصُرُوا۟ مِنَ
ٱلصَّلَوٰةِ إِنْ خِفْتُمْ أَن يَفْتِنَكُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ ۚ إِنَّ ٱلْكَٰفِرِينَ كَانُوا۟
لَكُمْ عَدُوًّا مُّبِينًا ﴿١٠١﴾ وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ ٱلصَّلَوٰةَ
فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُوٓا۟ أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُوا۟
فَلْيَكُونُوا۟ مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَىٰ لَمْ يُصَلُّوا۟ فَلْيُصَلُّوا۟
مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا۟ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ ۗ وَدَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَوْ
تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً

وَٰحِدَةًۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ إِن كَانَ بِكُمۡ أَذٗى مِّن مَّطَرٍ أَوۡ كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ أَن تَضَعُوٓاْ أَسۡلِحَتَكُمۡۖ وَخُذُواْ حِذۡرَكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ﴿١٠٢﴾

***سەپەرگە چىققان ۋاقىتلاردا كاپىرلارنىڭ سىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى (تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەتكە) قىسقارتىپ ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ① . كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر (ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ) [101]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان قىسىم ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى قىسمى كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن) ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلارنى، ماددىي ئەشيالىرىڭلارنى تاشلاپ قويۇپ دىققەتسىزلىك قىلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىز) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ② (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك قىيىنچىلىق تۇغۇلسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (ئېھتىياتچان ۋە) ھوشيار بولۇڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلار ئۈچۈن خار قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى [102].***

① بۇ ئايەتتە سەپەر ھالىتىدە نامازنى قىسقارتىپ (تۆت رەكئەتنى

ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىلدى. ﴿كاپىرلارنىڭ سىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ...﴾ دېگەن ئىبارە ئومۇمەن خاتىرجەمسىز ۋەزىيەتكە قارىتىلغان. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا ئەرەب دىيارى ئۇرۇش خەۋپى ئىچىدە ئىدى، قەيەرگە سەپەر قىلسا، خەتەردىن خالىي بولالمايتتى. شۇنداقتىمۇ نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇش ئۈچۈن سەپەردە قورقۇنچ ۋە خېيىمخەتەرنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. قۇرئان كەرىمدە بەزى ئايەتلەردە ئومۇمىي ئەھۋال نەزەردە تۇتۇلغان مۇشۇ خىلدىكى شەرتلىك جۈملىلەر ئۇچرايدۇ، ئەمەلىيەتتە شەرت ئەمەس. مەسىلەن: ﴿ئى مۇئمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار﴾. (سۈرە ئال ئىمران 130-ئايەت) بۇنىڭدىن قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەستىن ئازراق يېسە بولىدۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنە مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار﴾ (سۈرە نۇر 33-ئايەت) ئۇلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى بايان قىلدى. بۇنىڭدىنمۇ ئەگەر ئۇلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىمىسا، ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىساڭلار بولىدۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ﴿سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى﴾. (سۈرە نىسا 23-ئايەت) ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ ئېلىش ھارامدۇر.

بەزى ساھابىلەرنىڭ زېھنىدە سوئال پەيدا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئەمدى ئاللاھ ئەمىنلىك ئاتا قىلغاندىن كېيىن، سەپەردە نامازنى قىسقارتماي تولۇق ئوقۇمدۇق؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان بىر سەدىقىسىدۇر. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار» دېدى. (مۇسنەدى ئەھمەد 1 –توم، 25-، 36-بەت، سەھىھ مۇسلىم 686-ھەدىس)

② بۇ ئايەتتە خەۋپ نامىزى ئوقۇشقا ئىجازەت ھەتتا بۇيرۇق بېرىلىۋاتىدۇ. خەۋپ نامىزى تۆۋەندىكى ئەھۋالدا ئوقۇشقا بۇيرۇلغان: مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بىلەن كاپىر ئەسكەرلەر جەڭ قىلىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشقان، ئازراقلا بىخۇتلۇق قىلىش مۇسۇلمانلارغا چوڭ خەۋپ-خەتەر ئېلىپ كېلىدىغان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ناماز ۋاقتى كىرسە، خەۋپ نامىزى ئوقۇشقا بولىدۇ. ھەدىستە بۇ نامازنى ئوقۇشنىڭ بىر نەچچە شەكىللىرى بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ئەسكەرلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ،

بىر قىسمى كاپىرلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرىدۇ، يەنە بىر قىسمى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇيدۇ، بۇلار نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مۇداپىئە لېنىيىسىگە قايتىدۇ، يەنە بىر قىسىم مۇداپىئەدە تۇرغانلار كېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

بۇ نامازنىڭ يەنە بىر شەكلى باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا خەۋپ نامىزىنى ئوقۇپ بەردى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بىر سەپ، كەينىدە بىر سەپ بولۇپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەينىدىكى سەپتە تۇرغان كىشىلەرگە بىر رۇكۇ ئىككى سەجدە قىلىپ بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى. ئاندىن ئالدىدىكى سەپتە تۇرغان كىشىلەر كەينى سەپتىكى كىشىلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ تۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ بىر رۇكۇ ۋە ئىككى سەجدە قىلىپ بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىپ سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزى ئىككى رەكئەت، ساھابىلارنىڭ بىر رەكئەت بولدى».

ئۈچىنچى شەكلى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئىمام بولۇپ، ھەربىر قىسمىغا ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇپ بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزى تۆت رەكئەت، ساھابىلارنىڭ ئىككى رەكئەت بولدى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئىمام بولۇپ، بىر رەكئەت ئوقۇپ تەشەھھۇددا ئولتۇردى، كەينىدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر رەكئەتنى ئۆزلىرى ئوقۇپ تاماملىدى، ئاندىن مۇداپىئە سېپىگە كېلىپ تۇردى، شۇنىڭغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ تۇردى، ئاندىن مۇداپىئەدە تۇرغان يەنە بىر قىسىم كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە نامازغا تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ بىر رەكئەت ئوقۇپ بېرىپ، تەشەھھۇدتا ئولتۇردى، كەينىدىكىلەر بىر رەكئەتنى ئۆزلىرى ئوقۇپ بولغىچە تەشەھھۇدتا ساقلاپ تۇردى، ئاندىن سالام بېرىپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە نامازنى تامام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىمۇ ئىككى رەكئەت، ساھابىلارنىڭمۇ ئىككى رەكئەت بولدى. (ھەدىس كىتابلىرىغا قارالسۇن)

فَإِذَا قَضَيْتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ قِيَٰمًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِكُمْ ۚ
فَإِذَا ٱطْمَأْنَنتُمْ فَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ ۚ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ كَانَتْ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ
كِتَٰبًا مَّوْقُوتًا ﴿١٠٣﴾

***نامازنى تۈگەتكىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتتە ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار① (ئاللاھ سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى مۇمكىن). خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار②. شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى③ [103].***

① بۇ يەردىكى ناماز خەۋپ نامىزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ناماز يەڭگىللەشتۈرۈلگەن ۋە قىسقارتىلغان بولغاچقا، ئۇرۇشنى تولۇقلاش ئۈچۈن دېيىلدىكى، ناماز تامام بولغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان چاغلاردا ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار.

② جەڭ ئاياغلىشىپ، خېيىمخەتەر تۈگىگەندىن كېيىن نامازنى نورمال ھالەتتە كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار.

③ بۇ يەردە نامازنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىتا ئادا قىلىش تەكىتلەندى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، يوللۇق بىر ئۆزرە بولماي تۇرۇپ، ئىككى ۋاخ نامازنى جەملەپ بىر ۋاقىتتا ئوقۇش جايىز ئەمەس، چۈنكى بىر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلماسلىقمۇ مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمىگە خىلاپتۇر.

وَلَا تَهِنُوا۟ فِى ٱبْتِغَآءِ ٱلْقَوْمِ ۖ إِن تَكُونُوا۟ تَأْلَمُونَ فَإِنَّهُمْ يَأْلَمُونَ كَمَا
تَأْلَمُونَ ۖ وَتَرْجُونَ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا يَرْجُونَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٠٤﴾
إِنَّآ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ ٱلنَّاسِ بِمَآ أَرَىٰكَ
ٱللَّهُ ۚ وَلَا تَكُن لِّلْخَآئِنِينَ خَصِيمًا ﴿١٠٥﴾

***دۈشمەنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشتا سۇسلۇق قىلماڭلار①. ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ،***

***سىلەر ئاللاھتىن ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىت بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) ئۈمىد قىلىسىلەر②. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [104]. (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق③. خائىنلارنى ھىمايە قىلغۇچى بولمىغىن④ [105].***

① يەنى دۈشمىنىڭلارنى قوغلاشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالماڭلار، بەلكى ئۇلارغا قارشى پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن ھەرىكەت قىلىڭلار، ئاكۇپلاردا ماراپ ئولتۇرۇڭلار.

② يەنى سىلەر يارىلانغان بولساڭلار، ئۇلارمۇ يارىلاندى، سىلەر بۇ يارىلىنىش بەدىلىگە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىسىلەر، لېكىن ئۇلار ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ. شۇڭا سىلەر ئاخىرەتتىكى ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن مېھنەت ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيسىلەر، ئەمما كاپىرلار ئۇنداق قىلالمايدۇ.

③ بۇ **104**-ئايەتتىن **113**-ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت كەلگەن: ئەنسارلارنىڭ بەنى زەفەر قەبىلىسىدىن تۇئمە ياكى بەشىر ئىبنى ئۇبەيرىق دېگەن كىشى بىر ئەنسارىنىڭ بىر خالتا قونىقىنى ئوغۇرلىغان، ئۇنىڭ ئوغۇرلۇق قىلغانلىقى پاش بولۇپ قالاي دېگەندە، خالتىنى بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويغان. ئاندىن بەنى زەفەر قەبىلىسىدىن بىر نەچچە كىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قوناقنى ئوغۇرلىغان ئوغرى پالانى يەھۇدىي ئىكەن دەپ مەلۇم قىلغان. ئۇ يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىبنى ئۇبەيرىق قوناقنى ئوغۇرلاپ، مېنىڭ ئۆيۈمگە تاشلاپ قويۇپتۇ دېگەن. بەنى زەفەر ۋە بەنى ئۇبەيرىق (تۇئمە ياكى بەشىر) قاتارلىقلارمۇ بوش كەلمەي گەپدانلىق بىلەن ئوغرىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى، تۇئمەگە بوھتان چاپلاۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلىشقا ئورۇنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارنىڭ چاقماقتەك ياغلىما سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئەنسارىنى گۇناھسىز ۋە يەھۇدىينى ئوغرى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا تاس قالغان ئىدى، دەل شۇ پەيتتە ئاللاھ

تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

بۇنىڭدىن بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن خاتالىشىپ قالىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئىككىنچى، بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىلگەن بولسا، مەسىلە ئاللىقاچان ئايدىڭ بولغان بولاتتى. ئۈچىنچى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى قوغدايدۇ، ھەرقاچان ھەقىقەت مەخپىي قالىدىغان ياكى ئاستىن-ئۈستۈن بولىدىغان ئەھۋال يۈز بەرسە، ئاللاھ تائالا دەرھال پەيغەمبىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىشىنى تۈزەيدۇ، مانا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھتىن پاك، مەسۇم ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى بولۇپ، بۇنداق شەرەپ ۋە ماقام پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىمگە بېرىلمىگەن.

④ بۇ يەردىكى «خائىنلار» مەزكۇر ئۇبەيرىق جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئوغۇرلۇق قىلىپ تۇرۇپ، گەپدانلىق بىلەن ئۇنى يەھۇدىيغا دۆڭگەپ قويۇشقا ھەرىكەت قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلغانلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرى پاش قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەردار قىلىنىدۇ.

وَٱسۡتَغۡفِرِ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ١٠٦ وَلَا تُجَٰدِلۡ عَنِ
ٱلَّذِينَ يَخۡتَانُونَ أَنفُسَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ خَوَّانًا أَثِيمٗا ١٠٧
يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱلنَّاسِ وَلَا يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱللَّهِ وَهُوَ مَعَهُمۡ إِذۡ
يُبَيِّتُونَ مَا لَا يَرۡضَىٰ مِنَ ٱلۡقَوۡلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطًا ١٠٨
هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ جَٰدَلۡتُمۡ عَنۡهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فَمَن يُجَٰدِلُ
ٱللَّهَ عَنۡهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَم مَّن يَكُونُ عَلَيۡهِمۡ وَكِيلٗا ١٠٩ وَمَن
يَعۡمَلۡ سُوٓءًا أَوۡ يَظۡلِمۡ نَفۡسَهُۥ ثُمَّ يَسۡتَغۡفِرِ ٱللَّهَ يَجِدِ ٱللَّهَ غَفُورٗا
رَّحِيمٗا ١١٠

*ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن①. چۈنكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [106].*

***(گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ قەتئىي ياقتۇرمايدۇ [107]. ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، (لېكىن) ئاللاھتىن (ھايا قىلىپ) يوشۇرمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ رازى بولمايدىغان سۆزنى (يەنى بوھتان چاپلاش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە يالغان قەسەمنى يوشۇرۇن) پىلانلاۋاتقان چاغدا، ئاللاھ ئۇلار بىللە بىللەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇراتتى، سۆزنى ئاڭلاپ تۇراتتى). ئاللاھ (نىڭ چەكسىز ئىلمى) ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر [108]. سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ھاياتىي دۇنيادا ئۇلارنىڭ (يەنى ئوغرى ۋە خائىنلارنىڭ) تەرىپىنى ئالدىڭلار، قىيامەت كۈنى كىم ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ؟ (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىنى كىم ئۇلاردىن توسۇپ قالىدۇ؟) ياكى كىم ئۇلارغا ھامىي بولالايدۇ②؟ [109] كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ [110].***

① يەنى ئى پەيغەمبەر! تەكشۈرمەي تۇرۇپ، خىيانەت قىلغانلارنى ھىمايە قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگىن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئىككى تەرەپنىڭ قايسىسىنىڭ ھەقدار ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغۇچە، ئۇلارنىڭ بىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىل بولۇش جايىز ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا بىر تەرەپ ئۆزىنىڭ ناتىقلىقى بىلەن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، سوت مەھكىمىسىنى ياكى ھاكىمنى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىشقا قايىل قىلىپ، ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان ھەقنى ئېلىۋالسا، بۇنداق ھۆكۈم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىناۋەتسىزدۇر. بۇ نۇقتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، بەزىڭلار بەزىڭلاردىن پاكىت كەلتۈرۈش جەھەتتە ئۈستا بولۇشۇڭلار مۇمكىن، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا پەقەت سىلەردىن ئاڭلىغىنىم بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن. كىمگە قېرىندىشىنىڭ ھەققىدىن بىر نەرسە ھۆكۈم قىلىپ بەرسەم ئۇنى ئالمىسۇن. (ئەگەر ئۇنى ئالسا) قىيامەت كۈنى

گەدىنىدە ئېلىپ كېلىدىغان بىر پارچە ئوتنى بولۇپ بەرگەن بولمەن، خالىسا ئالسۇن، خالىمىسا ئالمىسۇن». (سەھىھۇل بۇخارى 2680-، 6967-، 7169-ھەدىسلەر ۋە سەھىھ مۇسلىم 1713-ھەدىس)

② يەنى ئۇلار گۇناھلىرى سەۋەبلىك جازالانسا، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم قۇتقۇزالايدۇ؟

وَمَن يَكۡسِبۡ إِثۡمٗا فَإِنَّمَا يَكۡسِبُهُۥ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا
حَكِيمٗا ﴿١١١﴾ وَمَن يَكۡسِبۡ خَطِيٓـَٔةً أَوۡ إِثۡمٗا ثُمَّ يَرۡمِ بِهِۦ بَرِيٓـٔٗا فَقَدِ
ٱحۡتَمَلَ بُهۡتَٰنٗا وَإِثۡمٗا مُّبِينٗا ﴿١١٢﴾ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكَ وَرَحۡمَتُهُۥ
لَهَمَّت طَّآئِفَةٞ مِّنۡهُمۡ أَن يُضِلُّوكَ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡۖ وَمَا
يَضُرُّونَكَ مِن شَيۡءٖۚ وَأَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَعَلَّمَكَ
مَا لَمۡ تَكُن تَعۡلَمُۚ وَكَانَ فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكَ عَظِيمٗا ﴿١١٣﴾

***كىمكى (قەستەن) بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا قىلىدۇ① (يەنى ئۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزى تارتىدۇ). ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [111]. كىمكى بىر كىچىك گۇناھ ياكى بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ② [112]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ساڭا ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى③. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى④. ئاللاھنىڭ ساڭا بولغان ئىلتىپاتى چوڭدۇر [113].***

① بۇ مەزمۇننى ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلغان:

﴿بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ﴾. (سۈرە ئىسرا 15-ئايەت) بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ، ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا يارىشا بىر نەرسىگە ئېرىشىدۇ.

② خۇددى ئۇبەيرىق ئۆزى ئوغۇرلۇق قىلىپ، باشقا بىرىگە دۆڭگەپ قويۇپ بوھتان چاپلىغاندەك. بۇ بىر ئومۇمىي ئەيىبلەش ۋە كايىش بولۇپ، ئۇبەيرىق جەمەتىنىمۇ ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئىللەتلىك گۇناھكارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

③ بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئالاھىدە قوغدايدىغانلىقى ۋە ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە قىلغان ئالاھىدە مەرھەمىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ يەردىكى «ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم» دېگەندە بەنۇ ئۇبەيرىقنى ھىمايە قىلىپ ئاقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن بىر توپ كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقىي ئوغرىنى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا تاس قالغان ئىدى.

④ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان-سۈننەت نازىل قىلغانلىقى ۋە باشقا زۆرۈر بىلىملەرنى ئاتا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت يەنە بىر ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتى بايان قىلىندى. بۇ ھەقتە ئاللاھ باشقا ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھىي قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھىي قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ﴾. (سۈرە شۇرا 52-ئايەت)، يەنە ﴿سەن (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ، پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىپ (ساڭا ئۇنى نازىل قىلدى)﴾. (سۈرە قەسەس 86-ئايەت) مەزكۇر ئايەتلەردىن مەلۇم بولىدىكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ مەرھەمەت قىلغان، قۇرئان ۋە ھېكمەت ئاتا قىلغان يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلمەيدىغان نۇرغۇن بىلىملەرنى بىلدۈرگەن. بۇ مەلۇماتلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، چۈنكى غەيبنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ باشقىلاردىن ئىلىم ئۆگىنىشكە ھاجىتى

چۈشەندۈ ۋە ۋەھيي ئارقىلىق ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقىلاردىن مەلۇمات ئالغان ئادەممۇ، غەيبنى بىلگۈچى ھېسابلانمايدۇ.

۞ لَّا خَيۡرَ فِي كَثِيرٖ مِّن نَّجۡوَىٰهُمۡ إِلَّا مَنۡ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوۡ مَعۡرُوفٍ أَوۡ إِصۡلَٰحِۢ بَيۡنَ ٱلنَّاسِۚ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ ٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِ ٱللَّهِ فَسَوۡفَ نُؤۡتِيهِ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿١١٤﴾

***ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرلىك يوقتۇر① . پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا② . كىمكى ئۇ (ئىش)لارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن③ ، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز④ [114].***

① ﴿ نَّجۡوَىٰ ﴾ «پىچىرلىشىش، يوشۇرۇن سۆھبەت، مەخپىي كېڭەش» دېگەندە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزئارا مۇسۇلمانلارغا قارشى ياكى بىر-بىرلىرىگە قارشى قىلىشقان سۆزلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② «سەدىقە» يەنى خەير-ساخاۋەت ئىشلىرى، ﴿ مَعۡرُوفٍ ﴾ «ياخشىلىق» يەنى بارلىق ياخشىلىققا ئالاقىدار سۆزلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان كېڭەشلەردە خەيرلىك بار. مەسىلەن: ھەدىسلەردىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پەزىلىتى بايان قىلىنغاندۇر.

③ ئەگەر سەمىمىيلىك بىلەن بولمىغان (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن) ئىش بولسا، ھەر قانچە چوڭ ئەمەل بولسىمۇ ساۋابى بولمايدۇ، بەلكى قىلغۇچى ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. (ئاللاھقا سېغىنىپ، رىياخورلۇق ۋە مۇناپىقلىقتىن پاناھ تىلەيمىز).

④ ھەدىسلەردە مەزكۇر ئەمەللەرنىڭ چوڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھالالدىن تاپقان پۇل-مالدىن ئاللاھنىڭ يولىدا تەقدىم قىلىنغان بىر خورما

قىممىتىدىكى سەدىقىگىمۇ ئۇھۇد تېغىدەك ساۋاب بېرىلىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 1014-ھەدىس)

شۇنىڭدەك ياخشى سۆزلەرنى تارقىتىشنىڭ پەزىلىتىمۇ كاتتىدۇر. شۇنىڭدەك ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارانلار ۋە باشقا ئۆزئارا ئاداۋەتلىشىپ قالغانلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش كۆپ پەزىلەتلىك ئەمەلدۇر. بىر ھەدىستە بۇ ئەمەلنىڭ نەپلە روزا، نەپلە ناماز ۋە نەپلە سەدىقە-ئېھسانلاردىنمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «مەن سىلەرگە روزىنىڭ، نامازنىڭ ۋە سەدىقىنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ ئەۋزەل بىر ئەمەلنى دەپ بېرەيمۇ؟» دېگەندە، ئۇلار: «ھەئە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇ ئەمەل) يامانلىشىپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى تۈزەشتىن ئىبارەت. ئەمما يامانلىشىپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش (ئۇلارنى) ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش» دېدى. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد، سۈنەنى تىرمىزى ۋە مۇسنەدى ئەھمەد 444-445-ھەدىس) . ھەتتا كىشىلەرنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندا يالغان گەپ قىلغان سۆلھىچى يالغانچىلىق قىلغان ھېسابلانمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا يالغان سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىنغان. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ئۈچۈن ياخشى گەپ تارقاتقان ۋە ياخشى گەپ قىلغان ئادەم يالغانچى ھېسابلانمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 2692-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2605-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 1038-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4920-ھەدىس)

وَمَن يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلۡهُدَىٰ وَيَتَّبِعۡ غَيۡرَ سَبِيلِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ نُوَلِّهِۦ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصۡلِهِۦ جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ﴿١١٥﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغۡفِرُ أَن يُشۡرَكَ بِهِۦ وَيَغۡفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُۚ وَمَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَقَدۡ ضَلَّ ضَلَٰلَۢا بَعِيدًا ﴿١١٦﴾ إِن يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ إِنَٰثٗا وَإِن يَدۡعُونَ إِلَّا شَيۡطَٰنٗا مَّرِيدٗا ﴿١١٧﴾

*كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە*

***(يەنـى ئۇنـىڭ ئەمرىگـە) مۇخالىپەتچىلىـك قىلىدىكـەن، مۇئمىنلەرنىـڭ يولىدىــن باشقىســىغا ئەگىشــىدىكەن، ئۇنــى ئــۆزى بۇرۇلغــان يولغــا قويــۇپ بېرىمــىز، ئۇنــى (ئاخىرەتتــە) جەھەننەمگــە كىرگۈزىمــىز①، جەھەننــەم نېمىدېگــەن يامــان جــاي! [115] ئالــلاھ ئۆزىگــە بــەر نەرســىنىڭ شــېرىك كەلتۈرۈلۈشــىنى (يەنــى مۇشــرىكلىك گۇناھىنــى) ئەلۋەتتــە كەچۈرمەيــدۇ، بۇنىڭدــن باشــقا گۇناھلارنــى ئــۆزى خالىغــان ئادەمدىــن كەچۈرىۋېتىــدۇ، كىمكــى ئالالاھقــا شــېرىك كەلتۈرىدىكــەن، ئــۇ ھەقىقەتــەن قاتتىــق ئازغــان بولــدۇ [116]. ئۇلار (يەنى مۇشــرىكلار) ئالالاھنــى قويــۇپ، پەقــەت چىشــى (ناملىــرى بىلــەن ئۆزلىــرى ئاتىۋالغــان) بۇتلارغــىلا چوقۇنــدۇ②، ئالالاھنىــڭ ئىبادىتىدىــن بــاش تارتقان شەيتانغىلا چوقۇنىدۇ③ [117].***

① توغــرا يــول ئېنىــق بولغاندىــن كېيىــن رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ ئەمرىگــە خىلاپلىــق قىلىــش، مۇئمىنلەرنىــڭ يولىنــى تاشــلاپ باشــقا يوللارغــا ئەگىشــىش ئىســلامدىن چىققانلىــق ھېســابلىنىدۇ، ئۇنىــڭ جازاســى بــۇ ئايەتتــە «جەھەننــەم بولــدۇ» دەپ كۆرســىتىلدى. بــۇ ئايەتتىكــى «مۇئمىنلــەر» دېگەنــدە ئىســلام دىنىغــا ھەممىدىــن بــۇرۇن ئەگەشــكەن ۋە ئۇنىــڭ يوليورۇقلىرىنىــڭ نامايەندىســى بولغــان ســاھابە-كىراملار كــۆزدە تۇتۇلــدۇ. چۈنكــى بــۇ ئايــەت چۈشــكەن ۋاقىتتــا ئۇلاردىــن باشــقا مۇئمىنلــەر يــوق ئــىدى. شــۇڭا رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ ئەمرىگــە خىلاپلىــق قىلىــش ۋە مۇئمىنلەرنىــڭ يولغــا ئەگەشمەســلىك ھــەر ئىككىســى ھەقىقەتتــە ئوخشــاش بىــر گۇناھتــۇر. شــۇ ۋەجىدىــن ســاھابە-كىراملارنىڭ يولــى ۋە پرىنسىپىدىن بۇرۇلــۇپ كېتىشــمۇ كۇفرىلىق ۋە ئازغۇنلۇق ھېســابلىنىدۇ. بــەزى ئۆلىمــالار «مۇئمىنلەرنىــڭ يولــى» دېگەندىــن ئۇممەتنىــڭ ئىجماســى (بىرلىككــە كەلگــەن كــۆز قارىشــى) كــۆزدە تۇتۇلــدۇ. يەنــى ئۇممەتنىــڭ ئىجماســىدىن بۇرۇلــۇش ۋە يېنىشــمۇ كۇفرىلىــق ھېســابلىنىدۇ، دەپ قارايــدۇ. ئۇممەتنىــڭ ئىجماســى دېگــەن بىــر مەســىلىگە قارىتــا ئۇممــەت ئىچىدىكــى پۈتــۈن فەقىھلــەر ۋە ئۆلىمــالار بىرلىككــە كېلىــپ چىقارغــان قــارارى دېمەكتــۇر. بىــر مەســىلىگە قارىتــا ســاھابە-كىراملارنىڭ بىرلىككــە كەلگــەن قارارىمــۇ ئۇممەتنىــڭ ئىجماسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىــن ھــەر ئىككىســىنى ئىنــكار قىلىــش ياكــى بىرســىنى ئىنــكار قىلىشــمۇ

كۇفرىلىقتۇر. كۆپ مەسىلىلەردە ساھابىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىجماسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئەمما پۈتۈن ئۈممەت ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇنداق مەسىلىلەرمۇ باركى، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ساھابىلەرنىڭ ئىجماسىنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش كۇفرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئۈممىتىم گۇمراھلىق ئۈستىدە بىرلەشمەيدۇ، ئاللاھنىڭ بەرىكىتى جامائەتتە بولىدۇ» دېدى. (سۈنەنى تىرمىزى 2167ـ ھەدىس)

② ﴿إِنَٰثٗا﴾ «چىشى» دېگەندە ئۇلار ئۆزلىرى چىشى ناملار بىلەن ئاتىۋالغان لات، مانات، ئۇززا، نائىلە قاتارلىق بۇتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى چىشى جىنسلىق شەكىلدە كەلگەن. ياكى ئۇنىڭدىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئەرەب مۇشرىكلىرى پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارغا چوقۇناتتى.

③ بۇتلارغا، پەرىشتىلەرگە ۋە باشقا بۇزرۇكۋارلارغا چوقۇنۇش ئەسلىدە شەيتانغا چوقۇنغانلىق بولىدۇ. چۈنكى شەيتان ئىنساننى ئاللاھتىن قورقۇش دائىرىسىدىن چىقىرىپ، باشقا مەبۇدلارغا باش ئەگدۈرىدۇ. بۇ نۇقتا تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ.

لَّعَنَهُ ٱللَّهُۘ وَقَالَ لَأَتَّخِذَنَّ مِنۡ عِبَادِكَ نَصِيبٗا مَّفۡرُوضٗا ﴿١١٨﴾
وَلَأُضِلَّنَّهُمۡ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمۡ وَلَأٓمُرَنَّهُمۡ فَلَيُبَتِّكُنَّ ءَاذَانَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ
وَلَأٓمُرَنَّهُمۡ فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلۡقَ ٱللَّهِۚ وَمَن يَتَّخِذِ ٱلشَّيۡطَٰنَ وَلِيّٗا مِّن
دُونِ ٱللَّهِ فَقَدۡ خَسِرَ خُسۡرَانٗا مُّبِينٗا ﴿١١٩﴾ يَعِدُهُمۡ وَيُمَنِّيهِمۡۖ وَمَا
يَعِدُهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا ﴿١٢٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُ وَلَا يَجِدُونَ
عَنۡهَا مَحِيصٗا ﴿١٢١﴾

*ئاللاھ شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلغان، شەيتان مۇنداق دېگەن: «مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكى كىشىلەرنى (ھەق يولدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزۈمگە) نېسىۋە*

*قىلىۋالىمەن① [118]. شەيتان ئۇلارنى (داۋاملىق) ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن (يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سېلىپ تۇرىمەن)②، ئۇلارنى چوقۇم (بۇتلارغا ئاتالغانلىقىغا بەلگە قىلىپ) چارۋىلارنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن③، ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇيمەن»④. كىمكى ئاللاھنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ [119]. شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ)، شەيتان (ئۇلارنى ئالداش ئۈچۈن) ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ [120]. ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ [121].*

① «مۇئەييەن سانىدىكى نېسىۋە» دېگەندە مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرى ۋە قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ نامىغا ئاتاپ قىلغان نەزىر-چىراغلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى ياكى شەيتان ئازدۇرۇپ ئۆزى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئېلىپ ماڭىدىغان بىر تۈركۈم دوزىخىلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

② بۇ «خام خىيال» ناتوغرا ۋە ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلار جۈملىسىدىن بولۇپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ۋە تەشۋىشلەندۈرۈشى بىلەن پەيدا بولىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ گۇمراھ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

③ مۇشرىكلار بىر قىسىم چارۋىلارنى بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتىۋەتكەندىن كېيىن، تونۇش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىپ، يەنە بىر قىسىم ئەزالىرىنى كېسىپ بەلگە سېلىپ قوياتتى. بۇ بەلگە سېلىنغان چاھارپايلار «بەھىيرە» دەپ ئاتىلاتتى.

④ «ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىۋېتىش»نىڭ بىر نەچچە شەكىللىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شەكلى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىندى، يەنى چارۋىلارنىڭ قۇلاق ۋە باشقا ئەزالىرىنى كېسىش، يېرىش، تېشىش

قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا بىر شەكلى: مۇشرىكلارنىڭ قۇياش، ئاي، تاش ۋە ئوت قاتارلىقلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھەر خىل غايە-مەقسەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، يەنى ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى ۋەزىپىلىرىنى چوقۇنۇشقا ئۆزگەرتىپ، مەبۇد قىلىۋالغانلىقىدۇر. ياكى «ئۆزگەرتىۋېتىش» دېگەن بىر نەرسىنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ياكى ھالال ۋە ھاراملىقىنى ئۆزگەرتىۋېتىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئەرلەردىكى ئۇرۇقدانىنى ئېلىۋېتىش، بوغدۇرىۋېتىش، ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىنى ئېلىۋېتىپ بالا تۇغۇش ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلىش، جىنس ئۆزگەرتىش، يەنە گىرىم قىلدۇق دەپ قاش-كىرپىكنىڭ تۈكلىرىنى قىرقىپ شەكىل ئۆزگەرتىش يەنە بەدەنگە ھەرخىل نەرسىلەرنى چەكتۈرۈش قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيتان بۇيرۇغان ئەمەللەر بولۇپ، ئۇلاردىن ساقلىنىش لازىم. ئەمما ھايۋانلاردىن كۆپرەك پايدىلىنىش ئۈچۈن، گۆشىنىڭ يۇمشاق، تەملىك بولۇشى ئۈچۈن ياكى شۇنىڭدەك بىرەر ياخشى مەقسەتتە ئۇلارنى ئاختا قىلىش جايىزدۇر. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاختا قىلىنغان ھايۋاننى قۇربانلىق قىلغانلىقى دەلىل بولالايدۇ. ئەگەر ئاختا قىلىش جايىز بولمىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇربانلىق قىلمىغان بولاتتى.

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدۡخِلُهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن
تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٗاۚ وَمَنۡ أَصۡدَقُ
مِنَ ٱللَّهِ قِيلٗا ١٢٢ لَّيۡسَ بِأَمَانِيِّكُمۡ وَلَآ أَمَانِيِّ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِۗ مَن
يَعۡمَلۡ سُوٓءٗا يُجۡزَ بِهِۦ وَلَا يَجِدۡ لَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ١٢٣
وَمَن يَعۡمَلۡ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِن ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ
فَأُوْلَٰٓئِكَ يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ وَلَا يُظۡلَمُونَ نَقِيرٗا ١٢٤

***ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟① (ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچكىم***

***يوقتۇر) [122] (ئاللاھ ۋەدە قىلغان جەننەت) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىرەر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ② [123]. كىمكى، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، مۇئمىن بولۇپ تۇرۇپ، ياخشى ئەمەللەردىن قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا خورمىنىڭ ئۇرۇقىدىكى قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ) [124].***

① شەيتاننىڭ ۋەدىسى پۈتۈنلەي يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت. بىراق ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ۋەدىسى راست ۋە ھەقتۇر. ئاللاھتىن راستچىلراق كىم بار؟ لېكىن ئىنساننىڭ بۇنىڭغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى باشقىچە، ئۇ راست سۆزلەرگە ئاز ئىشىنىدۇ، يالغان سۆزلەرگە كۆپ ئىشىنىدۇ ۋە ئەگىشىدۇ. مەسىلەن: شەيتانغا ئەگەشكەنلەر ناھايىتى كۆپ، ئاللاھنىڭ يولىنى تاللىغانلار ھەر دەۋر ۋە ھەر جايدا ئاز بولغان ۋە ھازىرمۇ ئاز. ﴿مېنىڭ بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز﴾. (سۈرە سەبەئ 13-ئايەت)

② يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىگە بەك ئىشىنىپ، قۇرۇق ئارزۇلارنى كۆپ قىلاتتى. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ خام-خىياللىرى بەربات قىلىنىپ، دېيىلىدىكى، ئاخىرەتتىكى غەلىبە يەنى جەننەت قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرگە ياخشى ئەمەللەردىن يېتەرلىك سەرمايە ھازىرلاش زۆرۈردۇر. كىمنىڭ نامە-ئەمالىغا گۇناھ خاتىرىلەنگەن بولسا، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنى يامانلىقىنىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزىۋالالايدىغان ھېچبىر دوست ياكى مەدەتكار بولمايدۇ. بۇ ئايەتتە ئەھلى كىتابلارغا يەنە مۇئمىنلەرگىمۇ خىتاب قىلىنىپ: ئىلگىرىكىلەردىن سادىر بولغان خاتا چۈشەنچە، قۇرۇق ئارزۇ ۋە ئەمەلىيىتى يوق خام خىياللاردىن ساقلىنىڭلار! دېيىلدى.

وَمَنۡ أَحۡسَنُ دِينٗا مِّمَّنۡ أَسۡلَمَ وَجۡهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ وَٱتَّبَعَ
مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۗ وَٱتَّخَذَ ٱللَّهُ إِبۡرَٰهِيمَ خَلِيلٗا ﴿١٢٥﴾ وَلِلَّهِ مَا فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٖ مُّحِيطٗا ﴿١٢٦﴾

***(ياخشى ئەمەللەرنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان (يەنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرۇلغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ (دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى① [125]. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، بەندىلىرىدۇر، مەخلۇقاتلىرىدۇر). ئاللاھ (ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى بىلەن) ھەممە نەرسىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر [126].***

① بۇ ئايەتتە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆلچىمى ۋە نەمۇنىسى بايان قىلىنىۋاتىدۇ، ئۆلچەم شۇكى، مۇسۇلمان ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش، ياخشىلاردىن بولۇش، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىش. نەمۇنە بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، چۈنكى ئۇنى ئاللاھ ئۆزىگە ﴿ خَلِيلًا ﴾ دوست تۇتقاندۇر. ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش قەلبىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا قەلبىدە ئورۇن بولمىغان دوست ﴿ خَلِيلٌ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. "خَلِيلٌ" دېگەن سۆز "فَعِيلٌ" ۋەزنىدە "فَاعِلٌ" مەنىسىدە كەلگەن، خۇددى "عَلِيمٌ" دېگەن سۆز "عَالِمٌ" مەنىسىدە كەلگەندەك، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە "مَفْعُولٌ" مەنىسىدە كەلگەن. خۇددى "حَبِيبٌ" دېگەن سۆز "مَحْبُوبٌ" مەنىسىدە كەلگەندەك، شۇنىڭغا ئاساسەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى ياخشى كۆرگۈچى ھەم ئاللاھ تەرەپتىن ياخشى كۆرۈلگۈچى ﴿ خَلِيلٌ﴾ ئىدى. (فەتھۇلقەدىر) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مېنىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتقاندەك ﴿ خَلِيلٌ﴾ دوست تۇتتى.» (سەھىھ مۇسلىم 532ـ ھەدىس)

وَيَسۡتَفۡتُونَكَ فِي ٱلنِّسَآءِۖ قُلِ ٱللَّهُ يُفۡتِيكُمۡ فِيهِنَّ وَمَا يُتۡلَىٰ
عَلَيۡكُمۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ فِي يَتَٰمَى ٱلنِّسَآءِ ٱلَّٰتِي لَا تُؤۡتُونَهُنَّ مَا كُتِبَ
لَهُنَّ وَتَرۡغَبُونَ أَن تَنكِحُوهُنَّ وَٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ مِنَ ٱلۡوِلۡدَٰنِ وَأَن
تَقُومُواْ لِلۡيَتَٰمَىٰ بِٱلۡقِسۡطِۚ وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِهِۦ
عَلِيمٗا ﴿١٢٧﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ①، ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى ئاللاھ ئۆزى سىلەرگە (ھۆكمنى بايان قىلىپ) پەتىۋا بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان (يېتىم قىزلارنىڭ مىراسىغا ئائىت) ئايەتلەر باركى، ئۇ ئايەتلەرمۇ سىلەر (ئۇلارغا) تەيىن قىلىنغان (مىراس) ھەققىنى بەرمەيدىغان②، (مىراسى قولىمىزدىن چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ) ئەرگە بېرىشكىمۇ قىزىقمايدىغان (ياكى چىرايى كۆرۈمسىز دەپ ئۆزۈڭلارمۇ ئالماي تۇتۇپ تۇرىدىغان) يېتىم قىزلار توغرىسىدا③، بوزەك قىلىنغان باللار④ ۋە يېتىملەرگە ئادالەتلىك بولۇشۇڭلار⑤ توغرىسىدىكى ئەھكاملارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. (ئاياللارغا ۋە يېتىملەرگە) ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (يەنى شۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ) [127].***

① كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاياللار توغرۇلۇق پەتىۋا ۋە باشقا سوئاللارنى سوراپ تۇراتتى، بۇ ئايەتتە شۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىلىۋاتىدۇ.

② ﴿ وَمَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ ﴾ «قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئايەتلەرمۇ»دىكى باغلىغۇچى ﴿ ٱللَّهُ يُفۡتِيكُمۡ ﴾ «ئاللاھ سىلەرگە پەتىۋا بېرىدۇ»غا باغلىنىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە ھۆكۈم بايان قىلىپ بېرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى يېتىم قىزلار ھەققىدە ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن ئايەتلەرمۇ ئۇ ئەھكاملارنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سۈرە نىسانىڭ ئۈچىنچى ئايىتىدىكى يېتىم قىزلارغا ھۆسنى-جامالىنى كۆزلەپ ئۆيلىنىپ، ئۇلارغا باشقا ئاياللارغا

بېرىلىدىغان مەھرىگە ئوخشاش مەھر ھەققى بەرمىگەن كىشىلەرنى ئادالەتسىزلىكتىن چەكلىگەن ھۆكۈم مەقسەت قىلىنىدۇ.

③ بۇ ئايەت ئىككى خىل تەرجىمە قىلىنىدۇ: بىرىنچىسىدە، "فِيْ" دېگەن ئالدى قوشۇلغۇچى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان دەپ قاراپ تەرجىمە قىلىنىدۇ: "تَرْغَبُوْنَ فِيْ أَنْ تَنْكِحُوْهُنَّ" يەنى «ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا قىزىقىسىلەر» چۈنكى "رَغِبَ" دېگەن پېئىلدىن كېيىن "فِي" كەلسە قىزىقىش، رىغبىتى بار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچىسىدە، "عَنْ" دېگەن ئالدى قوشۇلغۇچى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان دەپ قاراپ تەرجىمە قىلىنىدۇ: "تَرْغَبُوْنَ عَنْ أَنْ تَنْكِحُوْهُنَّ" يەنى «ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشتىن يۈز ئۆرۈيسىلەر، يەنى ئۇلارنى ئېلىشقا قىزىقمايسىلەر». چۈنكى ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە "رَغِبَ" دېگەن پېئىلدىن كېيىن "عَنْ" كەلسە يۈز ئۆرۈش، قىزىقماسلىق، رىغبىتى يوق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: سۈرە بەقەرە 129-ئايەتتە ﴿وَمَنْ يَّرْغَبُ عَنْ مِّلَّةِ اِبْرٰهِيمَ اِلَّا مَنْ سَفِهَ نَفْسَهٗ﴾ ﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ﴾ دېيىلگەندەك.

ئۇنداقتا بۇ يەردە يېتىم قىزغا زۇلۇم قىلىشنىڭ يەنە بىر شەكلى بايان قىلىنغان بولىدۇ. يەنى گاھىدا يېتىم قىزنىڭ چىرايى كۆرۈمسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋەلىيسى ياكى ئۇنىڭ بىلەن مىراسقا شېرىك بولىدىغان باشقا ۋارىسلار ئۇنى ئېلىشقا ئۆزلىرىمۇ قىزىقمايتتى ۋە يېتىم قىزنىڭ ئۆي-مۈلۈكلىرىگە باشقا بىرسىنىڭ شېرىك بولۇشىدىن قورقۇپ، يېتىم قىزنى ئەرگە بېرىشكىمۇ ئۇنىمايتتى. ئاللاھ تائالا بىرىنچى خىل شەكىلدىكى زۇلۇمنى چەكلىگەندەك ئىككىنچىسىنىمۇ چەكلىدى.

④ «بوزەك قىلىنغان بالىلار» دېگەن ئايەت يۇقىرىدىكى «قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان (يېتىم قىزلارنىڭ مىراسىغا ئائىت) ئايەتلەر... ئەھكاملارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ» دېگەن جۈملىگە باغلىنىدۇ. يەنى «يېتىم قىزلار توغرىسىدا» دېگەن سۈرە نىسانىڭ ئۈچىنچى ئايىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋە «بوزەك قىلىنغان بالىلار» دېگەن ﴿ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇ﴾ دېگەن سۈرە نىسا 11-ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ئايەتتە ئوغۇل بالىلار بىلەن بىر ۋاقىتتا قىز بالىلارمۇ مىراسخور قىلىپ بەلگىلەندى.

جاھىلىيەت دەۋرىدە چوڭ ئوغۇللارغىلا مىراس بېرىلىپ، كىچىك بالىلار ۋە ئاياللار مىراستىن مەھرۇم قىلىناتتى، شەرىئەت ئۇلارنىڭ ھەممىنى مىراسخور قىلىپ بەلگىلىدى.

⑤ بۇ ئايەتمۇ يۇقىرىدىكى جۈملىگە باغلىنىدۇ. يەنى سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ ئەھكاملىرى ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇكى، يېتىملەرگە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار، يېتىم قىزلار كۆرۈمسىز بولسۇن ياكى چىرايلىق بولسۇن، ھەر ئىككى ئەھۋالدا بىر خىل ھەم ئىنساپلىق بولۇڭلار.

وَإِنِ ٱمۡرَأَةٌ خَافَتۡ مِنۢ بَعۡلِهَا نُشُوزًا أَوۡ إِعۡرَاضًا فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَآ
أَن يُصۡلِحَا بَيۡنَهُمَا صُلۡحًاۚ وَٱلصُّلۡحُ خَيۡرٞۗ وَأُحۡضِرَتِ ٱلۡأَنفُسُ
ٱلشُّحَّۚ وَإِن تُحۡسِنُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٗا ﴿١٢٨﴾
وَلَن تَسۡتَطِيعُوٓاْ أَن تَعۡدِلُواْ بَيۡنَ ٱلنِّسَآءِ وَلَوۡ حَرَصۡتُمۡۖ فَلَا تَمِيلُواْ
كُلَّ ٱلۡمَيۡلِ فَتَذَرُوهَا كَٱلۡمُعَلَّقَةِۚ وَإِن تُصۡلِحُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ
غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿١٢٩﴾ وَإِن يَتَفَرَّقَا يُغۡنِ ٱللَّهُ كُلّٗا مِّن سَعَتِهِۦۚ وَكَانَ ٱللَّهُ
وَٰسِعًا حَكِيمٗا ﴿١٣٠﴾

***ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىپ ئىش كۆرسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ①. كېلىشىپ ئىش كۆرۈش (ئاجرىشىشتىن كۆپ) ياخشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن②، ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، ئاللاھ قىلىۋاتقىنىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر (يەنى سىلەرنى تولۇق مۇكاپاتلايدۇ) [128]. ھەر قانچە ھېرىسمەن بولساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلار ئارىسىدا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) ئادىللىق قىلىشقا (يەنى باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا) ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى بار ـ يوقنىڭ***

***ئورنىدا) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار③ ، ئەگەر ئىسلاھ قىلساڭلار (بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرلىرىڭلارنى تۈزەتسەڭلار) ۋە (ئاياللارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ رەھىم قىلغۇچىدۇر [129] . ئەگەر ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتسە، ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىھاجەت قىلىدۇ④ ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [130] .***

① ئەگەر ئەر كىشى بىرەر سەۋەبتىن ئايالىنى ياقتۇرمىسا، ئۇنىڭغا (كۆڭۈلسىز بولسا) يېقىنلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرىۋالسا ياكى بىردىن ئارتۇق ئايالى بولۇپ، ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئايالىدىن يىراقلىشىۋالسا، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىب بولغان (مەھرى ياكى يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك ياكى نۆۋەتى قاتارلىق) ھەقلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كېچىپ، ئەر بىلەن كېلىشسە، بۇنداق كېلىشىمدە ئەرگە ياكى ئايالغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى، سۈلھى قىلىش ھەر ھالەتتە ياخشىدۇر. مەسىلەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ياشىنىپ قالغاندا ئۆز نۆۋىتىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوبۇل قىلغان. ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «زەمئەنىڭ قىزى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياشىنىپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كېلىدىغان كۈننى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋدەنىڭ نۆۋىتى كەلگەن كۈندە مېنىڭ يېنىمدا بولاتتى». (سەھىھۇل بۇخارى 2593-ھەدىس ۋە مۇسلىم 1463-ھەدىس)

② ﴿الشُّحَّ﴾ بېخىللىق ۋە تەمەخورلۇق دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ھەر ئىنسانغا مۇھىم بولغان شەخسىي مەنپەئەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ھەربىر جان ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ بېخىللىق ۋە تەمەخورلۇق بىلەن ئىش قىلىدۇ.

③ بۇ ئىككىنچى خىل شەكلى بولۇپ، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىردىن ئارتۇق ئايالى بولسا، دىلىنىڭ مايىللىقى ۋە ياخشى كۆرۈش جەھەتتە ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ بولالمايدۇ. چۈنكى ياخشى كۆرۈش دىلنىڭ ئىشى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغۇ ئۆزىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى بەك ياخشى كۆرەتتى. ھېرىسمەن بولۇپ تۇرۇپمۇ ئادىل بولالماسلىقنىڭ مەنىسىمۇ دەل مۇشۇ دىلنىڭ مايىللىقى ۋە ياخشى كۆرۈشتە باراۋەر بولالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر دىلدىكى مۇھەببەت باشقا زاھىرىي ھوقۇقلاردا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا توسقۇنلۇق قىلمىسىلا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا جازالىنىشقا سەۋەب بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ياخشى بىر نەمۇنە تەقدىم قىلغان ئىدى. لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر دىلدىكى مۇھەببەتنىڭ غالىپ كېلىشى سەۋەبىدىن باشقا ئاياللىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى كېمەيتىپ قويىدۇ، زاھىرىي جەھەتتىنمۇ باشقا ئاياللىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى «بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان ئايالى»نىڭ ھەققىنى ئادا قىلغاندەك تولۇق ئادا قىلمايدۇ، ئۇلارنى (بىر ئارىلىقتا قالغاندەك) ئېسىپ قويغاندەك تاشلاپ قويىدۇ، يا خېتىنى بەرمەيدۇ، يا ئەر-خوتۇنلۇق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلمايدۇ، مانا بۇ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمدۇر. شۇڭا بۇ قىلمىش مەزكۇر ئايەتتە چەكلەندى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىر كىشىنىڭ ئىككى ئايالى بولسا، ئۇ ئۇلارنىڭ بىرىگە بەكرەك ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلسا (يەنى يەنە بىرىنى يەكلىسە)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىر يېنى يوق ھالەتتە كېلىدۇ». (سۈنەنى تىرمىزى 1141-ھەدىس)

④ بۇ ئۈچىنچى خىل شەكلى، ھەر قانچە تىرىشىپمۇ كېلىشىشكە يول قالمىغان چاغدا، تالاق ئارقىلىق ئاجرىشىشقا بولىدۇ. ئاجراشقاندىن كېيىن ئەرگە ئۆزى خالايدىغان سۈيەتلەرگە ئىگە ئايال تېپىلىشى، ئايالغىمۇ ئۆزى ياقتۇرىدىغان سۈپەتلەرگە ئىگە ئەر تېپىلىشى مۇمكىن. ئەمما تالاق ئىسلام دىنىدا قاتتىق يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. مەسىلەن: ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ھالال نەرسە تالاقتۇر». (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2178-ھەدىس، مىشكات 2-توم 987-ھەدىس) شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان. چۈنكى، بەزى چاغلاردا ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت يىرىكلىشىپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇكى، ئاجرىشىشتىن باشقا چارە قالمايدۇ. ئايرىلىش ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق بولۇشتەك بىر ئەھۋال شەكىللىنىپ قالىدۇ. مەزكۇر ھەدىس رىۋايەتچىلىرى نۇقتىسىدىن زەئىپ دەپ قارالسىمۇ، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ

دەلىللىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ ھوقۇقنى كېلىشىشكە ھېچقانداق چارە قالمىغان ئەھۋالدىلا ئىشلىتىش لازىم.

ئەسكەرتىش: مەزكۇر ھەدىس «تالاق ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ھالال ئىش»نى ھەدىسشۇناس ئالىم ئالبانى زەئىپ دەپ قارار قىلغان بولسىمۇ (ئىرۋائۇلغەلىل 2040 ـ ھەدىس)، شەرئى ئۆزرە بولماي تۇرۇپ تالاق قىلىشنىڭ ياخشى كۆرۈلمەيدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر.

وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَلَقَدۡ وَصَّيۡنَا ٱلَّذِينَ أُوتُواْ
ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ وَإِيَّاكُمۡ أَنِ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ وَإِن تَكۡفُرُواْ فَإِنَّ لِلَّهِ
مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَنِيًّا حَمِيدٗا ١٣١ وَلِلَّهِ مَا فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ١٣٢ إِن يَشَأۡ يُذۡهِبۡكُمۡ
أَيُّهَا ٱلنَّاسُ وَيَأۡتِ بِـَٔاخَرِينَۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ ذَٰلِكَ قَدِيرٗا ١٣٣ مَّن كَانَ
يُرِيدُ ثَوَابَ ٱلدُّنۡيَا فَعِندَ ٱللَّهِ ثَوَابُ ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ
سَمِيعَۢا بَصِيرٗا ١٣٤

*ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە سىلەرگە: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» (تەقۋادار بولۇڭلار) دەپ تەۋسىيە (تەكىتلەپ ئەمر) قىلدۇق، ئەگەر كاپىر بولساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). ئاللاھ (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر [131]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). ھەممە ئىشنى باشقۇرۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر [132]. ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى كەتكۈزۈۋېتىپ (ھالاك قىلىۋېتىپ ئورنۇڭلارغا) باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ بۇنىڭغا قادىردۇر① [133]. كىمكى (قىلغان ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ نېمىتىنى*

*تىلەيدىكەن، (بىلىپ قويسۇنكى) دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر② (بەندە ئۆز پەرۋەردىگارىدىن دۇنيا ھەم ئاخىرەتنىڭ نېمىتىنى تىلىسۇن). ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [134].*

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتى ۋە مەخلۇقاتنى ئۆز خاھىشى بويىچە تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقى ئىپادىلەندى. ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتى يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ﴿ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ)﴾. (سۈرە مۇھەممەد 38-ئايەت)

② مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ پەقەت غەنىيمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈنلا جىھاد قىلىشى نېمىدېگەن ئەخمەقلىق؟ ئاللاھ تائالا دۇنيانىڭمۇ ھەم ئاخىرەتنىڭمۇ نېمىتىنى ئاتا قىلىشقا قادىر تۇرسا، ئىنسان نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن دۇنيانىلا تەلەپ قىلىدۇ؟ ھەر ئىككىسىنى تەلەپ قىلسا بولمامدۇ؟

۞ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُونُوا۟ قَوَّٰمِينَ بِٱلْقِسْطِ شُهَدَآءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمْ أَوِ ٱلْوَٰلِدَيْنِ وَٱلْأَقْرَبِينَ ۚ إِن يَكُنْ غَنِيًّا أَوْ فَقِيرًا فَٱللَّهُ أَوْلَىٰ بِهِمَا ۖ فَلَا تَتَّبِعُوا۟ ٱلْهَوَىٰٓ أَن تَعْدِلُوا۟ ۚ وَإِن تَلْوُۥٓا۟ أَوْ تُعْرِضُوا۟ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا ﴿١٣٥﴾

*ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئادالەتنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە بەرپا قىلغۇچى بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ۋە ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا① (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن گۇۋاھچى بولۇڭلار. (سىلەر گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشى) باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن (گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتماڭلار). چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا سىلەردىن بەكرەك يېقىندۇر (ئۇلارغا نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك*

***ئىگەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ)②. نەپسى خاھىشلارغا ئەگىشىپ (ئادالەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار③. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار) ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار④، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر [135].***

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۆئمىن بەندىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا زىيان ئېلىپ كېلىدىغان بولسىمۇ، ئادالەتتە چىڭ تۇرۇشقا ۋە توغرا گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالاھىدە تەكىتلەپ ئەمر قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى ھەق-ئادالەت ھەممىگە ھاكىم ۋە ھەممىدىن ئىلگىرى تۇرىدۇ.

② قايسىبىر بايىنىڭ بايلىقىغا قاراپ ياكى پېقىرنىڭ نامراتلىقىغا ئىچ ئاغرىتىش سىلەرنى ھەق گەپ قىلىشتىن توسۇپ قويمىسۇن. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا سىلەردىنمۇ بەكرەك خەيرخاھلىق قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. يەنە بىر مەنىسى، ھەر ئىككىسىدىن ھېساب ئېلىشقا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر ۋە ھەقلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا ئەڭ ياخشى كۆڭۈل بۆلگۈچى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

③ نەپسىنىڭ خاھىشى، تەرەپبازلىق ياكى ئۆچمەنلىك سىلەرنى ئادىل بولۇشتىن توسۇپ قويمىسۇن. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن﴾. (سۈرە مائىدە 8-ئايەت)

④ ﴿ تَلْوُوا ﴾ بۇرمىلاش، بىلىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەش دېگەن مەنىدە. يەنى گۇۋاھلىق بېرىشتە ھەقىقەتنى ئۆزگەرتسەڭلار ۋە بۇرمىلىساڭلار. ﴿تُعْرِضُوا﴾ گۇۋاھلىقتا ھەقنى يوشۇرساڭلار ۋە گۇۋاھلىق بېرىشتىن قاچساڭلار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى چەكلەنگەندۇر. بۇ ئايەتتە ئەدلى-ئىنساپ تەكىتلەندى. ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەمر قىلىندى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

ھەر قانداق ئەھۋالدا ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن

قىلچىمۇ بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتى ۋە ھەر قانداق بىر توسالغۇ سىلەرنى چەكلەپ قويمىسۇن. ئادالەتنى ياقىلاشتا بىر-بىرىڭلارغا ياردەمچى بولۇڭلار ۋە ھەمكارلىشىڭلار.

پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رىزالىقى كۆز ئالدىڭلاردا بولسۇن. چۈنكى پەقەت ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلىگەندە، ھەقنى بۇرمىلاش، يوشۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىشتىن ساقلىنالايسىلەر، چىقارغان ھۆكمىڭلار ئادالەت مىزانىغا ئۇيغۇن بولىدۇ.

ئادىل بولۇش ئۆزۈڭلارنىڭ، ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ نەپسى خاھىشى ۋە مەنپەئەتىگە قارشى بولسىمۇ، ئادالەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار.

قايسىبىر باينىڭ يۈز-ئابرۇيىغا قارىماڭلار، قايسىبىر كەمبەغەلنىڭ نامرات بولۇپ كېتىشىدىن قورقماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئۆزى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ھۆكۈم قىلىشتا نەپسى خاھىشىڭلار، تەرەپبازلىق ۋە كىشىلەرنىڭ سىلەرنى يامان كۆرۈشى سىلەرنىڭ ئادالەتسىزلىك قىلىپ سېلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن. سىلەر ھەر قانداق ئەھۋالدا ھەممىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئادالەت تەرەپتە تۇرۇڭلار. قانداق بىر جەمئىيەتتە ئادالەتپەرۋەرلىك ئەۋج ئالسا، ئۇ يەردە خاتىرجەملىك ۋە ئەمىنلىك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ياغىدۇ.

ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەيبەرلىك يەھۇدىيلارنىڭ يېنىغا ئۇلارنىڭ مېۋىلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى مۆلچەرلەپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىدۇ. يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە يان بېسىشى (يەنى مېۋە ۋە زىرائەتلەرنىڭ سان-مىقدارىنى ئاز ھېسابلىشى) ئۈچۈن ئۇنىڭغا پارا بەرمەكچى بولىدۇ. ئۇ يەھۇدىيلارغا: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) نامايەندىسى بولۇپ كەلدىم. مەن سىلەرنى مايمۇن ۋە چوشقىلارنى ئۆچ كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ئۆچ كۆرىمەن، لېكىن مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى

كۆرگەنلىكىم ۋە سىلەرنى ئۈچ كۆرگەنلىكىم مېنىڭ سىلەرگە ئادىل بولماسلىقىمغا سەۋەبچى بولالمايدۇ» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان يەھۇدىيلار: «مۇشۇنداق ئادالەت سەۋەبىدىن ئاسمان-زېمىنىنىڭ نىزامى مۇقىم تۇرىدۇ» دەيدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلْكِتَٰبِ ٱلَّذِى نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَٱلْكِتَٰبِ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِن قَبْلُ ۚ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا ﴿١٣٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ٱزْدَادُواْ كُفْرًا لَّمْ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغْفِرَ لَهُمْ وَلَا لِيَهْدِيَهُمْ سَبِيلًۢا ﴿١٣٧﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار① . كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ [136]. ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كاپىر بولغان، ئاندىن يەنە ئىمان ئېيتقان، ئاندىن يەنە كاپىر بولغان، ئاندىن كۇفرىدا ئەزۋەيلىگەن (يەنى شۇ كۇفرى بىلەن ئۆلگەن) كىشىلەرنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ② [137].***

① ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى يەنە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇش ھەرگىزمۇ قولغا كەلتۈرۈپ بولغان نەرسىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈشكە بۇيرىغانلىق ئەمەس، بەلكى ئىماننى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۇنىڭدا ئىزچىل ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. بۇ خۇددى ھەر نامازدا ئۆزى توغرا يولنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپمۇ ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴾ دەپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

② بەزى مۇپەسسىرلەر بۇلاردىن يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قارايدۇ. يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇزەيىر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان، كېيىن ئۇزەيىر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ئىدى، بارا-بارا كۇفرىدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ھەددىدىن ئاشقان، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىمۇ ئىنكار قىلغان ئىدى.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇلاردىن مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى پەش قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئالدىماقچى بولۇشاتتى، ئاخىرى كۇفرى ۋە گۇمراھلىقتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدىكى، ئۇلارنىڭ توغرا يولغا قايتىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلدى.

بَشِّرِ ٱلْمُنَٰفِقِينَ بِأَنَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٣٨﴾ ٱلَّذِينَ يَتَّخِذُونَ
ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۚ أَيَبْتَغُونَ عِندَهُمُ ٱلْعِزَّةَ فَإِنَّ
ٱلْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا ﴿١٣٩﴾ وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِى ٱلْكِتَٰبِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ
ءَايَٰتِ ٱللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُوا۟ مَعَهُمْ حَتَّىٰ
يَخُوضُوا۟ فِى حَدِيثٍ غَيْرِهِۦٓ ۚ إِنَّكُمْ إِذًا مِّثْلُهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ جَامِعُ
ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْكَٰفِرِينَ فِى جَهَنَّمَ جَمِيعًا ﴿١٤٠﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلارغا بېشارەت بەرگىنكى، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب باردۇر [138]. ئۇلار شۇنداق ئادەملەركى، مۇئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتۇۋالىدۇ①، ئۇلار ئىززەت (كۈچ-قۇۋۋەت)نى كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىزدەمدۇ؟ (يەنى كاپىرلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟) شەكسىزكى، ئىززەت (كۈچ-قۇۋۋەت)نىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر② [139]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ كىتابتا سىلەرگە شۇنداق (ھۆكۈم) چۈشۈردىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقانلىقى***

***ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (مەسخىرە قىلىۋاتقانلار) باشقا پاراڭغا يۆتكەلمىگۈچە، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر③، شەكسىزكى، ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ [140].***

① سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغانىدەك، مۇناپىقلار كاپىرلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ﴿بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز﴾ دەيتتى.

② يەنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئىززەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىززەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئاللاھ ئىززەتنى پەقەت ئىتائەتمەن بەندىلىرىگىلا ئاتا قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن)﴾. (سۈرە فاتىر 10-ئايەت)، يەنە ﴿غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴾. (سۈرە مۇنافىقۇن 8-ئايەت) يەنى ئۇلار مۇناپىق ۋە كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ئارقىلىق ئىززەتكە ئېرىشىشنى خالايدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىززەت يولى ئەمەس، بەلكى خارلىق ۋە زەبۇنلۇق يولىدۇر.

③ يەنى مەنئىي قىلىنغان تۇرسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى مەسخىرە قىلىنىدىغان سورۇنلاردا ئولتۇرساڭلار ۋە ئۇنى چەكلىمىسەڭلار، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن گۇناھقا شېرىك بولىسىلەر. مەسىلەن: بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھەر قانداق كىشى ھاراق-شاراپ ئايلاندۇرۇلۇپ ئېچىلىدىغان سورۇنغا قاتناشمىسۇن». (مۇسنەدى ئەھمەد، 1-توم، 20-بەت ۋە 3-توم، 339-بەت) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەھكاملىرى گەپ-سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەت ئارقىلىق مازاق قىلىنىدىغان مەجلىس ۋە ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىش ئېغىر گۇناھتۇر. مەسىلەن: بۈگۈنكى كۈندىكى دىندىن چەتنىگەن، غەربلىشىپ كەتكەن ئادەملەر جەم بولغان سورۇنلاردا ئومۇمەن شۇنداق گەپ-سۆزلەر بولىدۇ ياكى غەربچە توي مۇراسىمى،

تۇغۇلغـان كۈننى خاتىرلـەش مۇراسـىملىرى دېگەنـدەك پائالىيەتلەردىمۇ دىنغا زىت ئىشلار ئۇچرايدۇ، ئۇنداق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشمۇ مەزكۇر چەكلىمىگە كىرىدۇ. ﴿بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر﴾ دېگەن قۇرئاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى مۇئمىنلەرنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىشكە كۇپايە، ئەگەر دىللىرىدا ئىمان بولسىلا.

ٱلَّذِينَ يَتَرَبَّصُونَ بِكُمْ فَإِن كَانَ لَكُمْ فَتْحٌ مِّنَ ٱللَّهِ قَالُوٓا۟ أَلَمْ
نَكُن مَّعَكُمْ وَإِن كَانَ لِلْكَٰفِرِينَ نَصِيبٌ قَالُوٓا۟ أَلَمْ نَسْتَحْوِذْ
عَلَيْكُمْ وَنَمْنَعْكُم مِّنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۚ فَٱللَّهُ يَحْكُمُ بَيْنَكُمْ يَوْمَ
ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ وَلَن يَجْعَلَ ٱللَّهُ لِلْكَٰفِرِينَ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ سَبِيلًا ﴿١٤١﴾

***ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) شۇنداق كىشىلەركى، سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھ تەرەپتىن بىرەر زەپەر نېسىپ بولسا، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟ (كاپىرلاردىن ئالغان غەنىيمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار)» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلارغا زەپەردىن ئازراق نېسىپ بولسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): «بىز سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىب كەلمىدۇقمۇ؟ (شۇنداق تۇرۇپ سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق ئەمەسمۇ؟) سىلەرنى مۇئمىنلەردىن ساقلىمىدۇقمۇ؟»① دەيدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا (ھەققانىي) ھۆكۈم چىقىرىدۇ②، ئاللاھ كاپىرلارغا مۇئمىنلەرگە قارشى ھەرگىز يول بەرمەيدۇ③ [141].***

① يەنى بىز سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلىشقا ئاز قالغان ئىدۇق، لېكىن سىلەرنى ئۆز ئادىمىمىز دەپ ئويلاپ بولدى قىلدۇق، مۇسۇلمانلار بىلەن ماسلاشماي، سىلەرنى ئۇلاردىن ساقلاپ قالدۇق. يەنى سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلار بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە سىياسىتىمىز سەۋەبىدىن قولغا كەلدى. بىز مۇسۇلمانلارغا تاشقى جەھەتتىن ھەمكارلاشقان بولدۇق، لېكىن ھەقىقەتتە ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈشتە ھەرگىز بوشاڭلىق قىلمىدۇق. بىز ئۇلارغا ئازار يەتكۈزۈپ تۇردۇق، شۇ سەۋەبتىن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار. بۇ مۇناپىقلارنىڭ كاپىرلارغا قىلغان سۆزلىرىدۇر.

② يەنى دۇنيادا سىلەر يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق بىلەن ۋاقتىنچە غەلىبە قىلغان بولدۇڭلار، ئەمما قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا يوشۇرغان يامان غەرەزلىرىڭلارغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكى سىرلارنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن جازا ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇ چاغدا سىلەرگە دۇنيادا مۇناپىقلىق بىلەن قىلغان سودىدا زىيان تارتقانلىقىڭلار مەلۇم بولىدۇ، ئۇ زىيان بولسا جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشتۇر. ئاللاھ بىزنى جەھەننەمدىن ساقلىسۇن.

③ يەنى ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا غەلىبە ئاتا قىلمايدۇ. تەپسىرلەردە بۇنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇقۇمى بايان قىلىنغان بولۇپ، 1. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ غەلىبىسى قىيامەت كۈنى ئەمەلگە ئاشىدۇ. 2. دەلىل-ئىسپات جەھەتتە كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ. 3. كاپىرلار غەلىبە قىلسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ شان-شەۋكىتى پۈتۈنلەي يوق بولۇپ، دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈپ كەتكىدەك دەرىجىدە غەلىبە قىلالمايدۇ. ئاخىرقى غەلىبە ھامان مۇسۇلمانلارغا خاستۇر. بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدىغان مۇنداق بىر ھەدىس بار: «قاچانغىچە مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، باتىلغا رازى بولماي، يامان ئىشلارنى توسۇپلا ياشايدىكەن، كاپىرلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ.» ئىمام ئىبنى ئەلئەرەبىينىڭ قارىشىچە، بۇ ئەڭ توغرا ئۇقۇمدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىرەر تالاپەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن يەتكەن بولىدۇ﴾. (سۈرە شۇرا 30-ئايەت) (فەتھۇلقەدىر) دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَهُوَ خَٰدِعُهُمْ وَإِذَا قَامُوٓا۟ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ قَامُوا۟ كُسَالَىٰ يُرَآءُونَ ٱلنَّاسَ وَلَا يَذْكُرُونَ ٱللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٤٢﴾ مُّذَبْذَبِينَ بَيْنَ ذَٰلِكَ لَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ وَلَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ ۚ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ سَبِيلًا ﴿١٤٣﴾

***شۇبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ① ، ئۇلار ناماز ئۇچۈن تۇرغاندا، خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)② ، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)③ ، ئاللاھنى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ④ [142]. مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، نە ئۇلارغا، نە بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس⑤ (يەنى مۇئمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ تولۇق مەنسۇپ ئەمەس)، ئاللاھ كىمنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغان ئىكەن (يەنى ئۆزىنىڭ خاتا يولغا كىرىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ ئازغۇنلۇقىدا تاشلىۋەتكەن بولسا)، (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇنىڭ (ھىدايەت تېپىشى)غا ھەرگىز يول تاپالمايسەن [143].***

① بۇ ئايەتنىڭ قىسقىچە تەپسىرى سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى.

② ناماز ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ پەرز ئەمەلدۇر. مۇناپىقلار نامازغىمۇ سۇسلۇق ۋە ھورۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى ئىمان، تەقۋالىق ۋە ئىخلاستىن خالىيدۇر، شۇڭا خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرى ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر». (سەھىھ مۇسلىم 651-ھەدىس)

③ نامازنىمۇ ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن رىياخورلۇق بىلەن ئوقۇيدۇ.

④ ئاللاھنى تىلىدىلا ياد ئېتىدۇ ياكى نامازنى قىسقىلا ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ نامازلىرىدا ئىخلاس، ئاللاھتىن ئەيمىنىش، ئاجىزلىقنى ئىزھار قىلىش بولمايدۇ، ئۇلارغا تەمكىنلىك بىلەن ناماز ئوقۇش ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر﴾. (سۈرە بەقەرە 45-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىدۇر، ئەنە شۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىدۇر، ئەنە شۇ مۇناپىقنىڭ

نامىزىدۇر. ئۇ كۈننى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقىدا بولغاندا (يەنى كۈن كىرىپ كېتەي دېگەندە) قوپۇپ تۆتنى چوقۇيدۇ (يەنى توخۇ دان چوقۇغاندەك تېز رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ) ئۇ نامازدا ئاللاھ تائالانى ئازغىنە ياد ئېتىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 622-ھەدىس ۋە مۇۋەتتا ئىمام مالىك 1-توم، 207-بەت)

⑤ مۇناپىقلار كاپىرلارنىڭ يېنىغا بارغاندىمۇ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ يېنىغا كەلگەندىمۇ دوستلۇق ئىزهار قىلىدۇ. ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەنمۇ ئىچقويۇن - تاشقويۇن ئەمەس، كاپىرلار بىلەنمۇ ئىچقويۇن-تاشقويۇن ئەمەس. ئۇلار سىرتقى كۆرۈنۈشتە مۇئمىنلەر بىلەن بىللە بولسا، ئىچكى جەھەتتە كاپىرلار بىلەن بىللىدۇر. بەزى مۇناپىقلار ئىمان بىلەن كۇفرىلىقنىڭ ئارىلىقىدا ئارىسالدى بولۇپ، گاھى مۇسۇلمانلار تەرىپىدە تۇرسا، گاھى كاپىرلار تەرىپىدە تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇناپىق بىردەم بۇنىڭ قېشىغا كېلىدىغان، بىردەم ئۇنىڭ قېشىغا بارىدىغان، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىغا ئەگىشىشنى بىلمەيدىغان، ئىككى پادىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرىدىغان قويغا ئوخشاشتۇر». (سەھىھ مۇسلىم 2784-ھەدىس)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَۚ أَتُرِيدُونَ أَن تَجْعَلُواْ لِلَّهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَٰنًا مُّبِينًا ﴿١٤٤﴾ إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ فِى ٱلدَّرْكِ ٱلْأَسْفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا ﴿١٤٥﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصْلَحُواْ وَٱعْتَصَمُواْ بِٱللَّهِ وَأَخْلَصُواْ دِينَهُمْ لِلَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلْمُؤْمِنِينَۖ وَسَوْفَ يُؤْتِ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿١٤٦﴾ مَّا يَفْعَلُ ٱللَّهُ بِعَذَابِكُمْ إِن شَكَرْتُمْ وَءَامَنتُمْۚ وَكَانَ ٱللَّهُ شَاكِرًا عَلِيمًا ﴿١٤٧﴾

*ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇئمىنلەرنى (دوست تۇتۇشنى) قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، (بۇنداق قىلىش بىلەن) ئۆزۈڭلارنىڭ زىيىنىڭلارغا (يەنى مۇناپىق ئىكەنلىكىڭلارغا) ئاللاھقا ئوپئوچۇق بىر پاكىت ھازىرلاپ بېرىشنى خالامسىلەر؟① [144] مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ②،*

***ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) بىرەر مەدەتكارمۇ تاپالمايسەن [145]. پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، ئاللاھ (نىڭ كىتابى)غا چىڭ ئېسىلغان، دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمەلىدىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۇئمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا) دۇر③. ئاللاھ مۇئمىنلەرگە (ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت) بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ [146]. ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟④ ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر⑤ [147].***

① يەنى ئاللاھ سىلەرنى كاپىرلار بىلەن دوست بولۇشتىن توستى، بۇنىڭغا ئۇنىماي يەنە ئۇلارنى دوست تۇتقانلىقىڭلار، يەنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، بۇيرۇقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئازابلىشى ئۈچۈن پاكىت ھازىرلاپ بېرىۋاتقىنىڭلارنى كۆرسىتىدۇ.

② جەھەننەمنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتى ھاۋىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بارلىق مۇسۇلمانلارنى مەزكۇر مۇناپىقلارنىڭ ئادەت ۋە سۈپەتلىرىدىن ساقلىسۇن. ئامىن

③ يەنى مۇناپىقلار ئىچىدىن مەزكۇر تۆت ئىشقا چىن دىلىدىن ئەھمىيەت بەرگەنلەر جەھەننەمگە كىرمەستىن، مۇئمىنلەر بىلەن بىللە جەننەتكە كىرىدۇ.

④ «شۈكۈر قىلىش» دېگەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، يامانلىقتىن ساقلىنىپ، ياخشى ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بېرىش دېمەكتۇر. بۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ئەمەلىي جەھەتتىن شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ. «ئىمان ئېيتىش» دېگەن ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇنىڭ رەب ئىكەنلىكىگە ۋە ئاخىر زامان پەيغەمبەرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىش دېمەكتۇر.

⑤ يەنى كىمكى ئاللاھقا شۈكۈر قىلسا، ئاللاھ ئۇنى قەدىرلەيدۇ. كىمكى چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرسە، ئاللاھ ئۇنى بىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا بىنائەن ئەڭ ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ.

لَّا يُحِبُّ ٱللَّهُ ٱلْجَهْرَ بِٱلسُّوٓءِ مِنَ ٱلْقَوْلِ إِلَّا مَن ظُلِمَ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ
سَمِيعًا عَلِيمًا ﴿١٤٨﴾ إِن تُبْدُوا۟ خَيْرًا أَوْ تُخْفُوهُ أَوْ تَعْفُوا۟ عَن سُوٓءٍ
فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا قَدِيرًا ﴿١٤٩﴾

***زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى (ئۆز زالىم ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى) دىن باشقا (ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ) ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زالىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا دۇئايىبەت قىلىشىغا بولىدۇ)①، ئاللاھ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىنى) ئاڭلىغۇچىدۇر، (زالىمنى) بىلگۈچىدۇر [148]. سىلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىرەر ياخشىلىقنى قىلساڭلار ياكى (باشقىلار قىلغان) بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار②، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى كەچۈرگۈچىدۇر، چەكسىز قۇدرەتلىكتۇر [149].***

① شەرىئەت شۇ نۇقتىنى تەكىتلىدىكى، ئەگەر بىر شەخستە خاتالىق كۆرسەڭلار، كىشىلەرگە ئاشكارا قىلىۋەتمەڭلار، بەلكى يالغۇز جايدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىڭلار، ئەگەر مەزكۇر خاتالىقنى كىشىلەرگە ئاشكارا قىلىشتا بىرەر دىنىي مەنپەئەت بولسا، ئاندىن ئاشكارا قىلسىڭلار بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئوچۇق-ئاشكارا، ھەممىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ گۇناھ قىلىشمۇ چوڭ خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، ھەر قانداق بىر گۇناھنى قىلىش، مەيلى ئاشكارا قىلسۇن ياكى مەخپىي قىلسۇن چەكلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىر شەخسنىڭ قىلغان گۇناھىنى كىشىلەرگە ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلەپ بېرىشى تېخىمۇ ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ گۇناھى ئىككى ھەسسە ھەتتا ئۈچ ھەسسە ئېغىرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. مەزكۇر ئايەتنىڭ ئىبارىسى ھەر ئىككى خىل يامانلىقنى ئاشكارىلاشتىن چەكلەيدۇ. بىر شەخسنى قىلغان ياكى قىلمىغان ئىشلىرىغا ئاساسەن يامان دەپ ئاتاشمۇ مەزكۇر چەكلىمىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، ئەمما زالىمنىڭ زۇلمىنى كىشىلەرگە پاش قىلىش بۇ چەكلىمىنىڭ سىرتىدا. زالىمنىڭ زۇلمىنى كىشىلەرگە پاش قىلىشنىڭ بىر پايدىسى شۇكى، ئۇ زالىم زۇلۇمدىن قول يىغىدۇ ياكى تۈزىتىشكە تىرىشىدۇ. يەنە بىر پايدىسى شۇكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن

ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، زۇلمىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بىر ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا مۇنداق كەلگەن: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ماڭا قوشنام ئازار بېرىدۇ دەپ شىكايەت قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا : سەۋر قىلغىن دېدى، ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندە، سەن ئۆي-سەرەمجانلىرىڭنى يول ئۈستىگە ئاچىقىپ قويغىن، دېدى، ئۇ شۇنداق قىلدى، يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىنى سوراشقا باشلىدى، ئۇ كىشىلەرگە قوشنىسىنىڭ زالىملارچە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردى، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇ قوشنىغا لەنەت ئوقۇشتى، بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى قوشنىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزرە ئېيتتى، بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە قىلىپ، ئۇنىڭدىن سەرەمجانلىرىنى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشنى ئۆتۈندى. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد، 5153-ھەدىس)

② كىمكى بىر ئادەمگە زۇلۇم قىلغان بولسا، شەرىئەت زۇلۇم قىلىنغۇچىغا زالىمدىن قانچىلىك زۇلۇم قىلغان بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر-بىرىنى تىللاپ، ئەيىبلەشكۈچى ئىككى كىشىنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ گۇناھى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ھەددىدىن ئاشمىسىلا، تۇنجى قېتىم باشلىغۇچىغا بولىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، گۇناھ ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم 2587-ھەدىس)

شەرىئەت ئىنتىقام ئېلىشقا رۇخسەت قىلىش بىلەن بىرگە كەچۈرۈم قىلىشنى تېخىمۇ ئەۋزەل دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر زات تۇرۇپ، كەچۈرۈم قىلغۇچىدۇر. شۇڭا مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: ﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ﴾. (سۈرە شۇرا 40-ئايەت) ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئاللاھ تائالا بىر بەندىنى (ئۇنىڭ) باشقىلارنى كەچۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن تېخىمۇ ئەزىز قىلىدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم 2588-ھەدىس)

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡفُرُونَ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُواْ بَيۡنَ ٱللَّهِ
وَرُسُلِهِۦ وَيَقُولُونَ نُؤۡمِنُ بِبَعۡضٖ وَنَكۡفُرُ بِبَعۡضٖ وَيُرِيدُونَ أَن
يَتَّخِذُواْ بَيۡنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا ١٥٠ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ حَقّٗاۚ
وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ١٥١ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ
وَلَمۡ يُفَرِّقُواْ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّنۡهُمۡ أُوْلَٰٓئِكَ سَوۡفَ يُؤۡتِيهِمۡ أُجُورَهُمۡۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ١٥٢ يَسۡـَٔلُكَ أَهۡلُ ٱلۡكِتَٰبِ أَن تُنَزِّلَ عَلَيۡهِمۡ
كِتَٰبٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِۚ فَقَدۡ سَأَلُواْ مُوسَىٰٓ أَكۡبَرَ مِن ذَٰلِكَ فَقَالُوٓاْ
أَرِنَا ٱللَّهَ جَهۡرَةٗ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ بِظُلۡمِهِمۡۚ ثُمَّ ٱتَّخَذُواْ ٱلۡعِجۡلَ
مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ فَعَفَوۡنَا عَن ذَٰلِكَۚ وَءَاتَيۡنَا مُوسَىٰ
سُلۡطَٰنٗا مُّبِينٗا ١٥٣

***شۇبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (ئاللاھقا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ۋە ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار [150]. ئەنە شۇلار (ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستتىنلا كاپىرلاردۇر①، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق [151]. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىپ قويمىغان (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلارنىڭ (تېگىشلىك) ئەجىرلىرىنى ئاللاھ بېرىدۇ②، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [152]. (ئى مۇھەممەد!) ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سەندىن ئۆزلىرىگە ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشۈڭنى تەلەپ قىلىدۇ③، ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى تەلەپ قىلىپ: «بىزگە ئاللاھنى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى***

*چاقماق سوقتى (يەنى ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى). ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىنمۇ موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدى. كېيىن بىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلدۇق. بىز مۇساغا (ئۇنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەردىن) روشەن پاكىت ئاتا قىلدۇق [153].*

① ئەھلى كىتابقا مۇناسىۋەتلىك ئىلگىرىكى ئايەتلەردە بايان قىلىندىكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىلىرىگە ئىشىنەتتى، بەزىلىرىگە ئىشەنمەيتتى. مەسىلەن: يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمىدى. ناسارالار بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ يەردە: ﴿ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار ۋە (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر.. راستىنلا كاپىرلاردۇر﴾ دېدى.

② بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىندىكى، ئۇلار ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىدۇ، ھېچ بىر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلمايدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى يەنە «دىنلارنى بىرلەشتۈرۈش» نەزەرىيەسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ نەزەرىيەنى كۆتۈرۈپ چىققانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر ئەمەس دەپ قارايدۇ. يەنە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە ئاللاھقا ئىشەنگەن مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىمۇ نىجات تاپىدۇ دەپ ئويلايدۇ. لېكىن قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن بىرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىشىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. كىمكى ئاخىرقى پەيغەمبەرگە ئىشىنىشتىن باش تارتسا، بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك ئاللاھقا ئىشەنگەنلىكىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە بەقەرە 62-ئايەتنىڭ شەرھىسىگە قارالسۇن)

③ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا بېرىپ، تاختىلارغا يېزىلغان تەۋراتنى ئېلىپ كەلگەندەك، سەنمۇ ئاسمانغا چىقىپ، يېزىلغان بىر كىتاب ئېلىپ چۈشكىن دەپ تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ ھەقىقەتەن جاھىللىق، تەرسالىق ۋە كۇفرىلىق يۈزىسىدىن قىلىنغان تەلەپ ئىدى.

وَرَفَعْنَا فَوْقَهُمُ ٱلطُّورَ بِمِيثَٰقِهِمْ وَقُلْنَا لَهُمُ ٱدْخُلُواْ ٱلْبَابَ سُجَّدًا
وَقُلْنَا لَهُمْ لَا تَعْدُواْ فِى ٱلسَّبْتِ وَأَخَذْنَا مِنْهُم مِّيثَٰقًا غَلِيظًا ﴿١٥٤﴾
فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَٰقَهُمْ وَكُفْرِهِم بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَقَتْلِهِمُ ٱلْأَنۢبِيَآءَ بِغَيْرِ
حَقٍّ وَقَوْلِهِمْ قُلُوبُنَا غُلْفٌۢ بَلْ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَيْهَا بِكُفْرِهِمْ فَلَا
يُؤْمِنُونَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٥٥﴾ وَبِكُفْرِهِمْ وَقَوْلِهِمْ عَلَىٰ مَرْيَمَ بُهْتَٰنًا
عَظِيمًا ﴿١٥٦﴾

***ئۇلار (تەۋراتقا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتقانلىقى تۈپەيلى) ئۇلاردىن مەھكەم ئەھدە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇر (تېغى)نى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارغا: «(بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان (يەنى ئېگىلگەن) ھالدا كىرىڭلار» دېدۇق ۋە ئۇلارغا: «شەنبىدە (بېلىق تۇتۇپ) ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار)» دەپ، (بۇ ھەقتە) ئۇلاردىن بۇ ھەقتە مەھكەم ئەھدە ئالغان ئىدۇق (كېيىن ئۇلار ئەھدىنى بۇزدى) [154]. ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى① ۋە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۆزۈڭنى چۈشىنىشتىن) دىللىرىمىز پەردىلەنگەن دېگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن قوغلىدۇق). ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلار ناھايىتى ئاز ئىمان ئېيتىدۇ [155]. يەنە ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى) ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن② (ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق) [156].***

① يەنى ئەھدىنى بۇزغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق، رەھمىتىمىزدىن قوغلىدۇق ياكى جازالىدۇق يەنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق. «ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق» دېگەن ئىبارە بۇ ئايەتتە بولمىسىمۇ، باشقا بىر ئايەتتە بار، شۇڭا بۇ يەردە شۇ ئىبارە كەلتۈرۈلدى.

② بۇنىڭدىن يەھۇدىيلارنىڭ يۈسۈپ نەججار بىلەن ھەزرىتى مەريەمگە چاپلىغان زىناخورلۇق تۆھمىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇگۇنمۇ بىر قىسىم ئۆزىنى تەتقىقاتچى دەۋالغانلار بۇ ئىغىر بوھتاننى «راست بولغان ۋەقە» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ ۋە يۈسۈپ نەججارنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئاللاھ پاناھ بەرسۇن) ئاتىسى دەپ دەۋا قىلىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز يارىتىلغان مۆجىزە ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىشىدۇ.

وَقَوْلِهِمْ إِنَّا قَتَلْنَا ٱلْمَسِيحَ عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ رَسُولَ ٱللَّهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَٰكِن شُبِّهَ لَهُمْ ۚ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ ۚ مَا لَهُم بِهِۦ مِنْ عِلْمٍ إِلَّا ٱتِّبَاعَ ٱلظَّنِّ ۚ وَمَا قَتَلُوهُ يَقِينًۢا ﴿١٥٧﴾ بَل رَّفَعَهُ ٱللَّهُ إِلَيْهِ ۚ

*يەنە (ئۇلار) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مەسىھنى — مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىيسانى ئۆلتۈرەلمىدى، دارغىمۇ ئاسالمىدى①، لېكىن (ئۇلار ئۆلتۈرگەن ئادەم) ئۇلارغا ئىيساغا ئوخشاش كۆرسىتىلدى② (ئىيسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىيسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ (ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسى)دا شەك ئىچىدىدۇر. ئۇلار بۇ (توغرىدا ھېچقانداق) مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ③، (ھەقىقەت شۇكى) ، ئۇلار ئىيسانى ھەرگىزمۇ ئۆلتۈرەلمىدى [157]. بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ھۇزۇرىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى)④.*

① بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ پىلانى بويىچە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى دارغا ئېسىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. بۇ نۇقتا سۈرە ئال ئىمراننىڭ 55-ئايىتىنىڭ شەرھىدە

بايان قىلىندى.

② يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەست قىلماقچى بولغانلىقى مەلۇم بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئون ئىككى ياكى ئون يەتتە ھەۋارىيلىرىنى توپلىدى ۋە ئۇلارغا: «كىم مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆلتۈرۈلۈشكە تەييار؟ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ شەكلىنى مېنىڭ شەكلىمگە ئۆزگەرتىدۇ. ئۇلار شۇنى ئۆلتۈرىدۇ» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر يىگىت ئۆزىنىڭ خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن ئاسمانغا ئېلىپ كېتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىيلار كىرىپ، ھېلىقى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىگە ئۆزگەرتىلگەن يىگىتنى تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ دارغا ئاستى، يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاستۇق دەپ قالدى، ۋەھالەنكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا ئۇ يەردە يوق ئىدى، ئۇ ئاللىقاچان پۈتۈن جىسمى بىلەن ھايات ھالەتتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

③ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا تۇرقى ئوخشاش بىر كىشى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر: ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى، دەپ يۈردى. يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەر بولسا: دارغا ئېسىلغان ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئەمەس، باشقا بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇردى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە «ئىختىلاپ قىلىشقانلار» دېگەندە خرىستىئان پىرقىلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان پىرقىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ پىرقىلەرنىڭ ئىچىدىكى نىستۇرى پىرقىسى: «ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمى دارغا ئېسىلغان، لېكىن ئىلاھلىق سۈپىتى بىلەن ئەمەس» دەيدۇ. ئەمما مىلكانىيە پىرقىسى: ئىيسا ئەلەيھىسسالام جىسمى ھەم ئىلاھلىق سۈپىتى بىلەن دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ قارايدۇ. (فەتھۇلقەدىر) قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ پىرقىلەر ئەنە شۇنداق شەكلىنىش، دەرگۇمانلىق ۋە ئىختىلاپ ئىچىدە ياشايدۇ.

④ بۇ ئايەت ئاللاھ تائالا ئۆز كامالى قۇدرىتى بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا كۆتۈرگەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. يەنە مۇتەۋاتىر دەرىجىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسلەرمۇ بۇنىڭ راستلىقىنى

ئىسپاتلايدۇ. بۇ ھەدىسلەر بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا ۋە (سەھىھۇل بۇخارى 3448-ھەدىس ۋە سەھىھۇل مۇسلىم 155-ھەدىس)تە مەۋجۇتتۇر. مەزكۇر ھەدىسلەردە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكى، قىيامەت يېقىن بولغاندا زېمىنغا چۈشىدىغانلىقى ۋە باشقا ئىشلار تىلغا ئېلىنغان. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىدا بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاس، ئەبۇ ئۇمامە، نەۋۋاس ئىبنى سەمئان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئەلئاس، مەجمەئ ئىبنى جارىيە، ئەبى سەرىھە ۋە ھۇزەيفە ئىبنى ئەسىد (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلاردۇر. ئۇ ھەدىسلەردە ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدىغان جاي ھەمدە قانداق چۈشىدىغانلىقىمۇ بايان قىلىنغان. يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەمەشقتىكى شەرقىي ئاق مۇنارنىڭ يېنىغا ناماز بامداتقا تەكبىر ئېيتىلىۋاتقان ۋاقىتتا چۈشىدۇ. خرىستىئانلارنىڭ كرېست بەلگىلىرىنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، زىممىلار تۆلەيدىغان تۆلەمنى بىكار قىلىدۇ (يەنى ئۇلاردىن ئىسلامدىن باشقىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ). ئۇنىڭ دەۋرىدە ھەممە ئادەم مۇسۇلمان بولۇپ كېتىدۇ، دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ، يەجۇج-مەجۇجلارمۇ ئۇنىڭ دەۋرىدە پەيدا بولىدۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ.

وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿١٥٨﴾ وَإِن مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا لَيُؤۡمِنَنَّ بِهِۦ قَبۡلَ مَوۡتِهِۦۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكُونُ عَلَيۡهِمۡ شَهِيدًا ﴿١٥٩﴾

***ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر① [158]. ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەر قاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىيسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ②. ئىيسا قىيامەت كۈنى ئۇلارغا گۇۋاھ بولىدۇ③ [159].***

① ئۇ ئاللاھ كۈچلۈك ۋە غالىبتۇر، ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىنى

ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە كەينىگە سۈرەلمەيدۇ. كىمكى ئۇنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتىدىكەن، ھېچكىم ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمى ھېكمەت بىلەن چىقىرىلغان ئاقىلانە ھۆكۈمدۇر.

② ﴿قَبْلَ مَوْتِهِ﴾دىكى " ـهِ " ئالماش يەنى «ھەر قاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا» دىكى ئىگە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئەھلى كىتاب (ناسارالار)نى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ھەربىر خرىستىئان جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىدۇ. ئەمما بۇ ئۆلۈمدىن ئىلگىرى ئېيتقان ئىماننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالار ۋە كۆپىنچە مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ يەردىكى ئالماش ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا قايتىپ چۈشكەندە، دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ، ئىسلامنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتتىكى بارلىق يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ، يەر يۈزىدە مۇسۇلمانلاردىن باشقا ھېچكىم ئامان قالمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ دۇنيادا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان قانچىلىك ئەھلى كىتاب بولسا، ئۇلارنىڭ ئىمانى قايسى ئۇسۇلدا بولسا بولسۇن، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، بۇ دۇنيادىن كېتىپ بولغان بولىدۇ. بۇ نۇقتا سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ كەلگەن. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام پات يېقىندا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئادىل ھۆكۈم سۈرگۈچى بولۇپ چۈشىدۇ. ئۇ خرىستىئانلارنىڭ كرېست بەلگىسىنى سۇندۇرىدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، زىممىلار تۆلەيدىغان تۆلەمنى بىكار قىلىدۇ (يەنى ئۇلاردىن ئىسلامدىن باشقىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ). مال-مۈلۈك ناھايىتى كۆپ بولۇپ كېتىدۇ (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئادىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكتىن بەرىكەت يېغىپ كېتىدۇ). ھەتتا ئۇ مال - مۈلۈكنى ئالىدىغان بىرمۇ كىشى تېپىلماي قالىدۇ، (يەنى سەدىقە ئالىدىغان ئادەم تېپىلماي قالىدۇ) ئۇلار ئۈچۈن بىر قېتىم سەجدە قىلىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ.» ئاندىن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر خالىساڭلار بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بېقىڭلار: «ئەھلى كىتابتىن ھەرقاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ.،» (سەھىھۇل بۇخارى، 3448-ھەدىس، سۇنەنى ئەبى داۋۇد، 4324-ھەدىس) بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ

ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن. بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى ئىتتىپاقلاشقان ھالدا شۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندا تىرىكتۇر. قىيامەت يېقىنلاشقاندا زېمىنغا چۈشىدۇ. دەججالنى يوقىتىپ، بارلىق دىنلارغا خاتىمە بېرىدۇ. ئىسلامنى غالىبىيەت ئورنىغا كۆتىرىدۇ. يەجۇج-مەجۇجلەرمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە پەيدا بولىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام قىلغان دۇئانىڭ بەركىتى بىلەن ئىنسانلار ئۇلارنىڭ شەررىدىن ئامان قالىدۇ.

③ بۇ يەردىكى گۇۋاھلىق ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىدىكى ئەھۋاللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. سۈرە مائىدەنىڭ ئاخىرىسىدا بايان قىلىنغاندەك: ﴿مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم﴾.

فَبِظُلۡمٖ مِّنَ ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ طَيِّبَٰتٍ أُحِلَّتۡ لَهُمۡ
وَبِصَدِّهِمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ كَثِيرٗا ﴿١٦٠﴾ وَأَخۡذِهِمُ ٱلرِّبَوٰاْ وَقَدۡ نُهُواْ
عَنۡهُ وَأَكۡلِهِمۡ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡبَٰطِلِۚ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ مِنۡهُمۡ
عَذَابًا أَلِيمٗا ﴿١٦١﴾ لَّٰكِنِ ٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ مِنۡهُمۡ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ
يُؤۡمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَۚ وَٱلۡمُقِيمِينَ ٱلصَّلَوٰةَۚ
وَٱلۡمُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ أُوْلَٰٓئِكَ
سَنُؤۡتِيهِمۡ أَجۡرًا عَظِيمًا ﴿١٦٢﴾

***يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان يولسىزلىقى (يەنى زۇلمى ۋە سادىر قىلغان گۇناھى)، تۇرغۇن (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن) توسقانلىقى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ناھەق يەۋالغانلىقى ئۈچۈن①، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق [160ـ161]. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلمى چوڭقۇر***

***بولغانلارغا② ، (ئى مۇھەممەد!) ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ، سەندىن ئىلگىرى (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتىدىغان مۇئمىنلەرگە، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلارغا③ ، زاكات بەرگۈچىلەرگە④ ، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا⑤ (جەننەتتە مەڭگۈ قېلىشتىن ئىبارەت) كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز [162].***

① يەنى ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەت ۋە گۇناھلىرى سەۋەبلىك نۇرغۇن ھالال نەرسىلەر ئۇلارغا ھارام قىلىندى. (بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەنئامنىڭ 146-ئايىتىدە بايان قىلىندۇ)

② بۇ يەردىكى «بىلىمى چوڭقۇر بولغانلار» ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق يەھۇدىيلاردىن مۇسۇلمان بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇلاردىنمۇ ئەھلى كىتابلار ئىچىدىن مۇسۇلمان بولغانلار ياكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار يەنى شەرىئەت ئىلمىنى پۇختا ئىگەللىگەن، ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان گۇناھلاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدىغان ئىمانى كامىل كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ بۇلاردىن زاكىتىنى بېرىش ئارقىلىق مال-مۈلۈكىنى پاكلايدىغانلار ياكى نەپسىنى پاكلايدىغانلار يەنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى پاكلايدىغانلار ياكى ھەر ئىككىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ بۇلار بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچ مەبۇد يوق ئىكەنلىكىگە يەنە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان جازا ۋە مۇكاپاتلارغا شەكسىز ئىشىنىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

۞ إِنَّآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ كَمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ نُوحٖ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ مِنۢ بَعۡدِهِۦۚ
وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ
وَعِيسَىٰ وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَٰرُونَ وَسُلَيۡمَٰنَۚ وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ
زَبُورٗا ١٦٣ وَرُسُلٗا قَدۡ قَصَصۡنَٰهُمۡ عَلَيۡكَ مِن قَبۡلُ وَرُسُلٗا لَّمۡ

نَقۡصُصۡهُمۡ عَلَيۡكَۚ وَكَلَّمَ ٱللَّهُ مُوسَىٰ تَكۡلِيمٗا ﴿١٦٤﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغانىدەك، ساڭىمۇ ۋەھيي قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىيساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلەيمانغا ۋەھيي قىلدۇق①، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق [163]. (بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا) ئىلگىرى بىز قىسسىلىرىنى ساڭا بايان قىلغان پەيغەمبەرلەرمۇ②، قىسسىلىرىنى ساڭا بايان قىلمىغان پەيغەمبەرلەرمۇ بار③، ئاللاھ مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى④ [164].***

① ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەكىن ۋە ئەدى ئىبنى زەيد قاتارلىق كىشىلەر: «ئى مۇھەممەد! بىز ئاللاھنىڭ مۇسادىن كېيىن بىر كىشىگە بىر نەرسە چۈشۈرگەنلىكىنى بىلمەيمىز» دېگەن ئىدى. ئۇلار بۇ سۆزى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا چۈشكەن ۋەھيىنى ئىنكار قىلىشقانىدى، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قارىتا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇ ئايەتتە مەزكۇر سۆزگە رەددىيە بېرىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ئىسپاتلاندى.

② ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ئىسىملىرىنى بايان قىلغان ئەلچىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى 24 ياكى 25 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۈسۈف، ئەييۇب، شۇئەيب، مۇسا، ھارۇن، يۇنۇس، داۋۇد، سۇلەيمان، ئىلياس، ئىليەسەئ، زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا، زۇلكىفل قاتارلىقلار بولۇپ، (كۆپىنچە مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە) ئۇلارنىڭ يىگىرمە بەشىنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن، ئامىن)

③ قۇرئان كەرىمدە ۋەقەلىكلىرى ۋە ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغان رەسۇل ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى قانچىلىك؟ ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. بىر ھەدىستە پەيغەمبەرلەرنىڭ سانىنىڭ بىر يۈز يىگىرمە

تۆت مىڭ، يەنە بىر ھەدىستە سەككىز مىڭ ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان، ئەمما بۇ ئاجىز، ئىشەنچىسىز رىۋايەتلەردۇر. قۇرئان-ھەدىستىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەر دەۋر ۋە ھەر ئىقلىمدا بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر)لەر كېلىپ تۇرغان، ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تاماملانغاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى قانچىلىك پەيغەمبەر كەلگەن؟ بۇنىڭ ئېنىق سانىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن قانچىلىك كىشى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان بولسا ياكى كەلگۈسىدە چىقسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاززاپ، يالغانچى، دەججاللاردۇر. ئۇلارنىڭ يالغان پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگەنلەر ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن باشقا بىر ئۈممەتتۇر. مەسىلەن: بابىيە، بەھائىيە ۋە مىرزائىيە پىرقىلىرى يەنە «مىرزا قادىيانى»نى ۋەدە قىلىنغان مەسىھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان لاھۇرلۇق مىرزايىلارمۇ ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلەردۇر.

④ بۇ سۈپەت مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خاس بولۇپ، ئۇ بۇ ئىمتىياز بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەردىن پەرقلىنىدۇ. سەھىھ ئىبنى ھىببانىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسەن ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ «ئاللاھ بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش» دېگەن سۈپەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئورتاق ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىردە ﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە شۇنداق كەلگەن)

رُّسُلًا مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى ٱللَّهِ حُجَّةُۢ
بَعْدَ ٱلرُّسُلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿١٦٥﴾ لَّٰكِنِ ٱللَّهُ يَشْهَدُ بِمَآ
أَنزَلَ إِلَيْكَۖ أَنزَلَهُۥ بِعِلْمِهِۦۖ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَشْهَدُونَۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ
شَهِيدًا ﴿١٦٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَصَدُّوا۟ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ قَدْ ضَلُّوا۟
ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا ﴿١٦٧﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَظَلَمُوا۟ لَمْ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغْفِرَ
لَهُمْ وَلَا لِيَهْدِيَهُمْ طَرِيقًا ﴿١٦٨﴾ إِلَّا طَرِيقَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًاۚ
وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿١٦٩﴾

**بزنـــڭ پەيغەمبەرلەرنـــى (ئۈنتائــەت قىلغۇچىلارغـــا جەننـــەت بىلــەن) خــۇش خـــەۋەر بەرگۈچـــى، (ئاســـيلىق قىلغۇچىلارنـــى دوزاختـــن) ئاگاھلاندۇرغۇچـى قىلـــپ ئەۋەتكەنلكمىز① كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر كەلگەندىـــن كيىـــن (ئىمـــان ئېيتمغانلىقىغـــا) ئالالاھنـــڭ ئالدــدا باھانــە كۆرسەتمەسىلكى ئۈچۈنــدۇر②. ئالـــلاھ غالبتـــۇر، ھېكمــەت بىلــەن ئــش قىلغۇچــدۇر [165]. (ئـــى پەيغەمبــەر! يەھۇدىيــلار ۋە ناســـارالار ســـېنىڭ پەيغەمبەرلكىڭگــە گۇۋاھلــق بەرمىســە گۇناھــى ئۆزىگــە) لېكــن ئالـــلاھ ســـاڭا ئــۆز ئىلمــى بىلــەن نازىــل قىلغــان (قۇرئـــان) ئارقىلـــق (ســـېنىڭ پەيغەمبەرلكىڭگــە) گۇۋاھلــق بېرىــدۇ، پەرىشتىلەرمۇ گۇۋاھلـــق بېرىـــدۇ. (باشـــقىلار گۇۋاھلـــق بەرمگەندىمـــۇ) ئالالاھنـــڭ گۇۋاھلىقــى يېتەرلكتـــۇر [166]. شۈبھســـزكى، (ھەقىقەتنى) ئنــكار قىلغانـــلار ۋە (كىشـــلەرنى) ئالالاھنـــڭ يولىدــن توســـقانلار ھەقىقەتـــەن چوڭقـــۇر ئازغۇنلۇققـــا پاتتـــى [167]. شۈبھســـزكى، (ھەقىقەتنـــى) ئىنـــكار قىلغانلارنـــى ۋە (كۇفرىـــدا چىـــڭ تۇرۇۋېلـــپ ئۆزىگـــە) زۇلـــۇم قىلغانلارنـــى ئالـــلاھ ھەرگـــز كەچۈرمەيـــدۇ، توغـــرا يولغمـــۇ (يەنـــى جەننەتنـــڭ يولىغمـــۇ) باشـــلمايدۇ③ [168]. (ئۇلارنـــى) پەقـــەت جەھەننەمنـــڭ يولىغـــلا قويۇۋېتـــدۇ، ئـــۇلار جەھەننەمــدە مەڭگــۈ قالــدۇ، بــۇ (يەنــى ئۇلارنــى جەھەننەمــدە مەڭگــۈ قالدۇرۇش) ئالالاھقا ئاساندۇر [169].**

① پەيغەمبەرلەرنـى كەينى-كەينـدىـن ئەۋەتـپ بېشارەت بېرىـش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىكى مەقسـەت ھېچكىمنىڭ بىزگە سېنىڭ ئەمر-پەرمانىڭ كەلمىدى دەپ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئۆزرە قالدۇرماسلىق ئۈچۈندۇر.

يەنە بىر ئايەتتە دېيىلگەندەك: ﴿ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: ‹ئىمىشقا بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىڭ؟ بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق› دەيتتى﴾. (سۈرە تاھا134 ـ ئايەت)

② مۇئمىنلەرگە جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، كاپىرلارنى ئالالاھنىڭ ئازابى ۋە لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق.

③ چۈنكى ئۇلار كۇفرىدا ئىزچىل تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن دىللىرىنى قارا قىلىۋالغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ۋە مەغپىرەت تىلىشىدىن ھېچ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَكُمُ ٱلرَّسُولُ بِٱلۡحَقِّ مِن رَّبِّكُمۡ فَـَٔامِنُواْ
خَيۡرٗا لَّكُمۡۚ وَإِن تَكۡفُرُواْ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ
ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ﴿١٧٠﴾ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَا تَغۡلُواْ فِي دِينِكُمۡ وَلَا
تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡحَقَّۚ إِنَّمَا ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ رَسُولُ
ٱللَّهِ

*ئى ئىنسانلار! بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا، سىلەر (ئۇنىڭغا) ئىمان ئېيتىڭلار، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر كاپىرلىقتا چىڭ تۇرىۋالساڭلار (بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھ سىلەردىن ۋە ئىمانىڭلاردىن بىھاجەتتۇر. چۈنكى) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر① (يەنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، مۈلكىدۇر). ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [170]. ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى!) دىنىڭلار توغرىسىدا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار② ، ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت ھەق سۆزنىلا قىلىڭلار (يەنى ئاللاھنى شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار). مەسىھ ـ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر (سىلەر ئويلىغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)،*

① يەنى ئەگەر كاپىر بولساڭلار، بۇ كۇفرىلىق ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز قەۋمىگە شۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿مۇسا (ئۆز قەۋمىگە): «ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى

كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى، ئاللاھ ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر› دېدى». (سۈرە ئىبراھىم 8-ئايەت) ھەدىس قۇدسىدا بايان قىلىنىشىچە «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹ئى بەندىلىرىم! ئەگەر ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلار يىغىلىپ، بىر تەقۋادار كىشىنىڭ قەلبىگە ئوخشاش بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، مېنىڭ مۈلكۈمگە كىچىككىنە بىر نەرسىنىمۇ قوشۇپ قويالمايسىلەر، ئى بەندىلىرىم! ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلار يىغىلىپ، بىر يامان ئادەمنىڭ قەلبىگە ئوخشاش بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، مېنىڭ مۈلكۈمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلار ھەممىسى بىر تۈزلەڭلىككە يىغىلىپ، مەندىن تىلىكىنى سورىسا، مەن ھەربىرىڭلارغا مەندىن سورىغىنىنى بەرسەم، دېڭىزغا سېلىپ چىقىرىلغان يىڭنىگە يۇققان سۇ دېڭىز سۈيىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمىگەندەك، مېنىڭ مۈلكۈمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ›.» (سەھىھ مۇسلىم 2577-ھەدىس)

② ﴿غُلُوّ﴾نىڭ مەنىسى بىر ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىش دېگەنلىكتۇر. خىرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى بەندىلىك ۋە پەيغەمبەرلىك ماقامىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىلاھلىق ماقامىغا يەتكۈزىۋەتتى. ھەتتا ئۇلارغا خۇددى ئاللاھقا ئوخشاش ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەۋارىيلىرىنىمۇ ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنى گۇناھدىن پاك، ھالال ۋە ھارام قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ئېتىقاد قىلىشتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى﴾. (سۈرە تەۋبە 31-ئايەت) مەبۇد قىلىۋېلىش ھەدىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھالال قىلغىنىنى ھالال ۋە ئۇلارنىڭ ھارام قىلغىنىنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىش دېمەكتۇر. ھالبۇكى، بۇ ھوقۇق پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. لېكىن ئەھلى كىتاب بۇ ھوقۇقنى ئۆزلىرىنىڭ ھېبرلىرى ۋە ئۆلىمالىرىغا تەۋە قىلىۋالدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئەھلى كىتابنى دىندا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن چەكلىدى. خىرىستىئانلارنىڭ دىندا ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئۈممىتىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، دېدىكى: «سىلەر مېنى ناسارالار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسانى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلىماڭلار، مەن پەقەت (ئاللاھنىڭ) بىر بەندىسىدۇرمەن، سىلەر (مېنى) ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئاتاڭلار.» (سەھىھۇل بۇخارى 3445-ھەدىس ۋە مۇسنەد ئەھمەد 23-ۋە47-ھەدىس) ئەپسۇسكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى مۇشۇنداق چەكلىمىلەر بولسىمۇ، مەزكۇر ئاشقۇنلۇقتىن ساقلىنالمىدى، خرىستىئانلاردەك ئۆز پەيغەمبىرىگە، ھەتتا ياخشى بەندىلەرگە ئىلاھلىق سۈپەتلەرنى تاڭدى. شۇنىڭدەك بەزى كىشىلەر ئۆلىمالارنى دىننى شەرھىلىگۈچى ۋە چۈشەندۈرگۈچى دەپ تونۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى شەرىئەت قانۇنلىرىنى تۈزگۈچى قىلىۋالدى، (ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست ئېيتقان: «سىلەر ئەلۋەتتە سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا، بىر ئاياغ يەنە بىر ئاياغقا ئەگەشكەندەك ئەگىشىپ كېتىسىلەر (يەنى قەدەممۇ قەدەم ئەگىشىپ كېتىسىلەر).» (سەھىھۇل بۇخارى 7320-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2669-ھەدىس)

وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلْقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِّنْهُ ۖ فَـَٔامِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ ۖ وَلَا
تَقُولُوا۟ ثَلَٰثَةٌ ۚ ٱنتَهُوا۟ خَيْرًا لَّكُمْ ۚ إِنَّمَا ٱللَّهُ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ ۖ سُبْحَٰنَهُۥٓ أَن
يَكُونَ لَهُۥ وَلَدٌ ۘ لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ
وَكِيلًا ﴿١٧١﴾ لَّن يَسْتَنكِفَ ٱلْمَسِيحُ أَن يَكُونَ عَبْدًا لِّلَّهِ وَلَا
ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ ٱلْمُقَرَّبُونَ ۚ وَمَن يَسْتَنكِفْ عَنْ عِبَادَتِهِۦ وَيَسْتَكْبِرْ
فَسَيَحْشُرُهُمْ إِلَيْهِ جَمِيعًا ﴿١٧٢﴾

*ئاللاھنىڭ مەريەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىز، ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن كەلىمىسىدىن يارىتىلغاندۇر)، ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) بىر روھتۇر①، شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، (ئاللاھ) ئۈچتۇر دېمەڭلار②، بۇ ئېتىقادىڭلاردىن يېنىڭلار، (بۇ) سىلەر*

***ئۇچۇن ياخشىدۇر، ئاللاھ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، بالىلىق بولۇشتىن پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر)، ئاللاھ يېتەرلىك ھامىيدۇر [171]. مەسىھ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ (يەنى تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ) ۋە (ئاللاھقا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ (ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن باش تارتمايدۇ)③، كىمكى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلىپ قويسۇنكى) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۇچۇن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ [172].***

① دېمەك ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇتقا كەل» دېگەن كەلىمىسى (سۆزى) بىلەن ئاتىسىز يارىتىلغاندۇر. يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مەريەمگە ئەۋەتكەن «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن كەلىمىسى (سۆزى) بىلەن ياراتقاندۇر. ﴿ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) بىر روھتۇر﴾ دېگەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مەريەمنىڭ كۆينىكىنىڭ ئېچىگە پۈۋلىگەن روھتۇر. ئۇ روھ ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئۇرۇقى ئۇچراشقاندەك مەريەمنىڭ كىيىمىدىن ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىغا چۈشتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئىيسا ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مەريەمگە تاشلانغان ئاللاھنىڭ كەلىمىسى ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھ دەپ ئاتالدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② خرىستىئانلار كۆپ پىرقىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بەزى پىرقىلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دېسە، بەزىلىرى ئۇنى ئاللاھنىڭ شېرىكى، يەنە بەزىلىرى ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچ ئىلاھ بار، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ، ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿(ئاللاھ) ئۈچتۇر دېمەڭلار، بۇ ئېتىقادىڭلاردىن يېنىڭلار، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئاللاھ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر﴾.

③ ناسارالار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغاندەك بىر قىسىم كىشىلەر پەرىشتىلەرنىمۇ ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ دەۋا قىلغان ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە دېيىلدىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ

بەندىلىرى ۋە مەخلۇقاتىدۇر. ئۇلارمۇ بۇنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇلار ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن باش تارتمايدۇ ۋە تەكەببۇرلۇقمۇ قىلمايدۇ. سىلەر نېمىگە ئاساسەن ئۇلارنى ئىلاھ ياكى ئىلاھلىققا شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْ
وَيَزِيدُهُم مِّن فَضْلِهِۦۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱسْتَنكَفُواْ وَٱسْتَكْبَرُواْ
فَيُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَلَا يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيًّا وَلَا
نَصِيرًا ﴿١٧٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُم بُرْهَٰنٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَأَنزَلْنَآ
إِلَيْكُمْ نُورًا مُّبِينًا ﴿١٧٤﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَٱعْتَصَمُواْ بِهِۦ
فَسَيُدْخِلُهُمْ فِى رَحْمَةٍ مِّنْهُ وَفَضْلٍ وَيَهْدِيهِمْ إِلَيْهِ صِرَٰطًا
مُّسْتَقِيمًا ﴿١٧٥﴾

*ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ) مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، ئۆز پەزلىدىن (نېمىتىنى) ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ①، (ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە② كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدۇ③. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ [173]. ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن (شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) كەسكىن دەلىل كەلدى④، سىلەرگە روشەن نۇرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق⑤ [174]. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئانغا) چىڭ ئېسىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ ۋە ئۇلارنى (جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان) توغرا يولغا باشلايدۇ (مۇۋەپپەق قىلىدۇ) [175].*

① بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿ئۆز پەزلىدىن (نېمىتىنى) ئۇلارغا ئاشۇرۇپ

بېرىدۇ﴾ دېگەندىن ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىدىغانلىقى ۋە بۇ شاپائەت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن مۇئمىنلەر ئاللاھ رۇخسەت قىلغان كىشىلەرنى شاپائەت قىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ ئالىدۇ.

② يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن توسقان، ئىنكار قىلغان ۋە تەكەببۇرلۇق قىلغانلارغا كەلسەك.

③ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾. (سۈرە مۇئمىن 60 ـ ئايەت)

④ ﴿ بُرْهَانٌ﴾ دېگەن شۇنداق كەسكىن دەلىلدۇركى، ئۇ كەلگەندىن كېيىن ھېچقانداق ئۆزرىگە ئورۇن قالمايدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق روشەن دەلىلدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن شۈبھىلەر يوقىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كېيىنكى ئايەتتە نۇر دەپ ئاتالدى.

⑤ «روشەن نۇر» دېگەندە قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۇفرى ۋە شېرىك قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتىدىغان ھىدايەت نۇرىدۇر. گۇمراھلىق دەشتلىرىدە توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئاللاھنىڭ كۈچلۈك ئارغامچىسىدۇر. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇئمىن بولغانلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتىگە لايىق بولغۇسىدۇر.

يَسۡتَفۡتُونَكَ قُلِ ٱللَّهُ يُفۡتِيكُمۡ فِي ٱلۡكَلَٰلَةِۚ إِنِ ٱمۡرُؤٌاْ هَلَكَ لَيۡسَ لَهُۥ
وَلَدٞ وَلَهُۥٓ أُخۡتٞ فَلَهَا نِصۡفُ مَا تَرَكَۚ وَهُوَ يَرِثُهَآ إِن لَّمۡ يَكُن لَّهَا
وَلَدٞۚ فَإِن كَانَتَا ٱثۡنَتَيۡنِ فَلَهُمَا ٱلثُّلُثَانِ مِمَّا تَرَكَۚ وَإِن كَانُوٓاْ إِخۡوَةٗ
رِّجَالٗا وَنِسَآءٗ فَلِلذَّكَرِ مِثۡلُ حَظِّ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۗ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ أَن
تَضِلُّواْۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمُۢ ﴿١٧٦﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق كىشى (قالدۇرغان مىراس) توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولۇپ، بالىسى*

***بولمىسا، پەقەت بىرلا ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ ھەمشىرىسى مىراسىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ①؛ ئەگەر (بۇ ھەمشىرىسى ۋاپات بولۇپ) ئۇنىڭ بالىسى بولمىسا، ئۇنىڭ ئاشۇ بىر تۇغقان قېرىندىشى ئۇنىڭ مىراسىغا ئىگە بولىدۇ (يەنى مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ)②، ئەگەر (ئۇ كىشىنىڭ) ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار مىراسىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ③، ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ئۈلۈشى بېرىلىدۇ④، (ھەقىقەتتىن) ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇلارنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.» [176]***

① ﴿الْكَلَالَةِ﴾نىڭ مەنىسى ئىلگىرى بايان قىلىندى. ئۇ نە بوۋىسى، نە ئاتىسى، نە بالىسى يوق مېيىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتتە بولسا ئۇنىڭ مىراسىنى تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەر: ئاتىسى بار، بالىسى يوق مېيىت ﴿الْكَلَالَةِ﴾ ئاتىلىدۇ، دەيدۇ، بۇ توغرا ئەمەس، باشتىكىسى توغرىدۇر. چۈنكى ئاتا بار يەردە ھەمشىرە مىراسخور بولالمايدۇ. چۈنكى ئاتا ئۇنىڭ مىراس ئېلىشىنى توسۇپ قويىدۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئەگەر ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بولسا، ئۇنىڭ مىراسىنىڭ يېرىمىغا ۋارىس بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇنىڭدىن ئوچۇق ئايان بولىدۇكى، ﴿الْكَلَالَةِ﴾ دېگەن ئاتىسىمۇ، بالىسىمۇ يوق كىشىدۇر، بالىسى يوق دېگەن ئۇقۇم ئايەتتىن مەلۇم بولسا، ئاتىسى يوق دېگەن ئۇقۇم ئايەتنىڭ ئىشارىتىدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: مېيىتنىڭ بالىسى دېگەندە ئۇنىڭغا مېيىتنىڭ نەۋرىلىرىمۇ كىرىدۇ. شۇنىڭدەك ھەمشىرە دېگەندە ئۇنىڭغا مېيىتنىڭ ئۆز ھەمشىرىسى ياكى ئاتا بىر ھەمشىرىسىمۇ كىرىدۇ، (ئەيسەر تەپاسىر ھەدىسلەردىن ئايان بولدىكى، مېيىتنىڭ قىزى بىلەن ھەمشىرىسى بار بولغان ئەھۋالدا (باشقا بىر ئايەتتىكى دەلىلگە ئاساسەن)، قىزىغا مىراسىنىڭ يېرىمى ۋە ھەمشىرىسىگە مىراسىنىڭ قالغان يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى ۋە نەۋرە قىزى بولسا، قىزىغا يېرىمى، نەۋرە قىزىغا ئالتىدىن بىرى، قالغىنى (يەنى ئۈچتىن بىرى) ھەمشىرىگە تېگىدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مېيىتنىڭ قىز-ئوغۇل بالىلىرى بولسا، بىرىنچى دەرىجىلىك مىراسخورلار

قاتاردا ھەمشىرىگە ھېچنەرسە تەگمەيدۇ، ئەگەر باللار ئوغۇل بولسا، ھەمشىرە ھېچقانداق بىر يول بىلەن مىراس ئالالمايدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بالىسى قىز بولسا، ئۇ چاغدا قىزى مىراسنىڭ يېرىمىنى بىرىنچى دەرىجىلىك مىراسخورلار بويىچە ئالىدۇ، ھەمشىرىسى قالغان يېرىمىنى ئىككىنچى دەرىجىدىكى مىراسخورلار قاتارىدا ئالىدۇ. يەنى ئېشىپ قالغان مىراسنى ئالىدۇ، ئېشىپ قالغان مىراس مېيىتنىڭ بىر قىزى بولغان ئەھۋالدا، ھەمشىرە مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، بىردىن ئارتۇق قىز بولسا، ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

② ئەگەر ئۇ (بالىسى، ئاتا ـ ئانىسىمۇ يوق كەلالە مېيىت) ئايال كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەر بىر تۇغقان قېرىندىشى بولسا، ئاتىسى بولمىسا، چۈنكى ئاتا ئەر قېرىنداشتىنمۇ يېقىندۇر. ئاتا ھايات بولسا، قېرىنداش مىراس ئالالمايدۇ، بۇ قېرىندىشى ئۇنىڭ مىراسىنىڭ ھەممىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ئەر بىر تۇغقان قېرىندىشى بىلەن ئېرى ياكى ئۇنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا قېرىنداشلىرى بولسا، ئۇلارغا تېگىشلىك مىقداردىكى ئۈلۈشلىرىنى بېرىپ بولۇپ، قالغىنى بىر تۇغقان قېرىندىشىغا بېرىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ بۇ ھۆكۈم ئىككىدىن ئارتۇق ھەمشىرىلەر بولغان ئەھۋالدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. دېمەك كەلالە يەنى ئاتىسىمۇ، بالىسىمۇ يوق مېيىتنىڭ ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ئالىدۇ.

④ يەنى كەلالە مېيىتنىڭ قېرىنداش ۋارىسلىرى قىز-ئوغۇل ئارىلاش بولسا، «بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ» دېگەن پرىنسىپ بويىچە مىراس تەقسىم قىلىنىدۇ.

# سۈرە مائىدە

| سورة المائدة مدنية ١٢٠ آية | (5) سۈرە مائىدە مەدىنىدە چۈشكەن 120 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَوۡفُواْ بِٱلۡعُقُودِۚ أُحِلَّتۡ لَكُم بَهِيمَةُ ٱلۡأَنۡعَٰمِ
إِلَّا مَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ غَيۡرَ مُحِلِّي ٱلصَّيۡدِ وَأَنتُمۡ حُرُمٌۗ إِنَّ ٱللَّهَ
يَحۡكُمُ مَا يُرِيدُ ١ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُحِلُّواْ شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەھدىلەرگە (يەنى ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار①. سىلەرگە (تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلار (يەنى ھاراملىقى بايان قىلىنىدىغانلار)دىن باشقا② چارۋىلارنىڭ ھەممىسى (يەنى چارۋا مال: تۆگە، كالا، ئۆچكە، قوينلارنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن يېيىش) ھالال قىلىندى③. لېكىن سىلەر ئېھرام (ياكى ھەرەم دائىرىسى)دا بولغىنىڭلاردا ئوۋ ئوۋلاشنى ھالال سانىماڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ھالال ـ ھارام توغرۇلۇق) ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ [1]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىگە④***

① ﴿عُقُودِ﴾ بولسا «عقد»نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، مەنىسى چەگمەك

دېمەكتۇر. بۇ سۆز بىر نەرسىنى چىگىش ۋە باغلاش ئۈچۈنمۇ، شۇنداقلا ئەھدى-پەيمان، كېلىشىم، توختام قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەتتە ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلاردىن ئېلىنغان ئەھدىلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن قىلىشقان مۇئامىلىلىرىدىكى ئەھدى-پەيمان ۋە كېلىشىملەرمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر ئىككى ئەھدىگە ۋاپا قىلىش زۆرۈردۇر.

② يەنى ھاراملىقى بايان قىلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ تەپسىلاتى ئۈچىنچى ئايەتتە كېلىدۇ.

③ ﴿بَهِيمَةُ﴾ چاھارپاي (تۆت پۇتلۇق ھايۋان) چارۋا دېمەكتۇر. بۇ سۆزنىڭ تومۇرى «بهم، ابهام» بولۇپ، (مۇبھەم، ئېنىق ئەمەس، تۇتۇق) دېگەن مەنىدە. ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ھايۋانلارنىڭ سۆز قىلىش، چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئەقلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ﴿بَهِيمَةُ﴾ دەپ ئاتالغان. ﴿الْأَنْعَامِ﴾ دېگەن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھايۋانلارنىڭ قەدەملىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرى يۇمشاق بولغانلىقى ئۈچۈن ﴿الْأَنْعَامِ﴾ (يۇمشاق) دەپ ئاتالغان. ﴿ بَهِيمَةُ الْأَنْعَامِ﴾ چارۋىلار يەنى مەزكۇر ھايۋانلارنىڭ ئەركەك-چىشىلىرى قوشۇلۇپ سەككىز قىسىم بولىدۇ، (بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەنئامنىڭ 143-ئايىتىدە بايان قىلىنىدۇ) ئۇلاردىن باشقا ياۋايى دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۇغا، جامۇس سۇ كالىسى ۋە باشقىلار ئادەتتە ئۇۋلىنىدىغان ھايۋانلاردۇر، بۇلارمۇ ھالالدۇر. لېكىن ئېھراملىق ھالەتتە ئۇلارنى ۋە باشقا جانلىقلارنى ئوۋلاش چەكلىنىدۇ. ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن مەگىنى بار يىرتقۇچ گۆشخور ھايۋانلار ۋە ئىلمەك تىرناقلىق گۆشخور قۇشلاردىن باشقا بارلىق ھايۋانلار ھالالدۇر. (بۇ نۇقتا سۈرە بەقەرەنىڭ 173-ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى)

ھەر قانداق مەگىنى بار يىرتقۇچ گۆشخور ھايۋان دېگەندە مەگەن چىشى بىلەن تۇتۇپ، يىرتىپ يەيدىغان ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: شىر، يولۋاس، ئىت، يىلپىز، بۆرە، تۈلكە، مۈشۈك.

ھەر قانداق ئىلمەك تىرنىقى بار گۆشخور قۇش دېگەندە تىرنىقى بىلەن ئوۋلاپ يەيدىغان قۇشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ئۆۋچى قۇش، قاراغوجا، قارچىغا، بۈركۈت قاتارلىقلار.

④ ﴿ شَعَآئِرَ﴾ بولسا «شَعيرة»نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، «ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى» دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭدىن ئاللاھ ھارام

قىلىنغان نەرسىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئۇنى ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن دەپ قارىسا، بەزىلەر ئۇنى خاسلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھەج ۋە ئۆمرىدە قىلىنىدىغان ئەمەل-ئىبادەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. دېمەك ھەجدە قىلىنىدىغان ئەمەل-ئىبادەتلەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاڭلار، شۇنىڭدەك ھەج ۋە ئۆمرىگە بارىدىغانلارنىڭ يولىنى توسماڭلار، بۇمۇ ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

وَلَا ٱلشَّهْرَ ٱلْحَرَامَ وَلَا ٱلْهَدْىَ وَلَا ٱلْقَلَٰٓئِدَ وَلَآ ءَآمِّينَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّن رَّبِّهِمْ وَرِضْوَٰنًا ۚ وَإِذَا حَلَلْتُمْ فَٱصْطَادُوا۟ ۚ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَـَٔانُ قَوْمٍ أَن صَدُّوكُمْ عَنِ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ أَن تَعْتَدُوا۟ ۘ وَتَعَاوَنُوا۟ عَلَى ٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰ ۖ وَلَا تَعَاوَنُوا۟ عَلَى ٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٢﴾

*ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارغا①، ھەديەگە (يەنى ھەرەمگە ئېلىپ مېڭىلغان قۇربانلىق مالغا)، (ئۇ قۇربانلىق مالغا) ئېسىلغان بويۇنچۇقلارغا②، رەببىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاھقا (ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە چېقىلىشنى ھالال سانىماڭلار③، ئېھرامدىن چىققان چېغىڭلاردا ئوۋ ئوۋلاڭلار (يەنى ئوۋ ئوۋلىساڭلار بولىدۇ)④، بىرەر قەۋمنىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن توسقانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئۆچمەنلىكىڭلار ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن⑤، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ھەمكارلىشىڭلار⑥، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ھەمكارلاشماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [2].*

① ﴿الشَّهْرَ الْحَرَامَ﴾ دېگەنىدە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان تۆت ئاي مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنى ئۇرۇش چەكلەنگەن (رەجەب، زۇلقەئىدە، زۇلھەججە، ۋە مۇھەررەمدىن ئىبارەت) تۆت ئايدا ئۇرۇش قىلىشنى ھالال سانىماڭلار، بۇ ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئۇرۇش قىلماڭلار. بەزى ئۆلىمالار ئۇنىڭدىن

پەقەت بىر ئاي (زۇلھەججە) ھەج ئىبى مەقسەت قىلىنغان دەپ قارايدۇ، بەزى ئۆلىمالار بۇ ھۆكۈمنى ﴿مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾. (سۈرە تەۋبە 5-ئايەت) دېگەن ئايەت بىلەن ئەمەلدىن قالغان دەيدۇ. لېكىن بۇنداق ئايرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ھەر ئىككى ھۆكۈم ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس.

② ﴿الْهَدْيَ﴾ ھاجىلار ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان چارۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الْقَلَآئِدَ﴾ «قَلَادة»نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان چارۋىلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان بويۇنچۇقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرى ھەجگە ئېلىپ ماڭغان ماللارنىڭ بوينىغا بەلگە بولسۇن ئۈچۈن ئارغامچا باغلاپ بويۇنچۇقلار ئېسىپ قويۇلاتتى. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ھەججە قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ﴿الْهَدْيَ﴾ دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ ۋە تەكىتلەپ كەلگەن. دېمەك، بۇ بەلگە قويۇلغان ماللارنى ئىگىسىدىن تارتىۋېلىشقا ياكى ھەرەمگە بېرىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىشقا بولمايدۇ.

③ يەنى ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلىپ ياكى تىجارەت ۋە ئىشلەشنى مەقسەت قىلىپ ھەرەمگە بارىدىغانلارنى توسماڭلار، ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلماڭلار. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ھۆكۈم مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار بىللە ھەج ۋە ئۆمرە قىلىدىغان مەزگىلدىكى ھۆكۈم ئىدى. سۈرە تەۋبىنىڭ 28-ئايىتىدىكى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇشرىكلار (ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 - يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرەمگە (ھەرەم چېگراسىغا) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن)﴾ دېگەن ئايەت چۈشكەندىن كېيىن بۇ ھۆكۈم مۇشرىكلار ھەققىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەمما بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان، بۇ مۇسۇلمانلار ھەققىدە چۈشكەن ھۆكۈمدۇر. (فەتھۇلقەدىر)

④ بۇ يەردىكى ﴿فَاصْطَادُوا﴾ «ئوۋ ئوۋلاڭلار» دېگەن بۇيرۇق شەكلىدىكى ئىبارە پەقەت دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا كەلگەن. يەنى سىلەر ئېھرامدىن چىققان ۋاقتىڭلاردا ئوۋ ئوۋلاش سىلەرگە جايىزدۇر.

⑤ يەنى مۇشرىكلار سىلەرنى ھىجرىيىنىڭ 6-يىلى مەسجىدى ھەرەمگە

بېرىشتىن توسقاندى، لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك ئۇلارغا زۇلۇم بولۇپ قالىدىغان ئۇسۇلنى قوللانماڭلار. بۇ ئايەتتە دۈشمەنگىمۇ ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلىۋاتىدۇ.

⑥ بۇ ئايەتتە ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ھەربىر قەدىمىدە زۆرۈر بولىدىغان مۇھىم پرىنسىپ بايان قىلىندى. ھەربىر مۇسۇلمان بۇ پرىنسىپنى ئۆزىگە تەتبىقلىشى لازىمدۇر.

حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحۡمُ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦ وَٱلۡمُنۡخَنِقَةُ وَٱلۡمَوۡقُوذَةُ وَٱلۡمُتَرَدِّيَةُ وَٱلنَّطِيحَةُ وَمَآ أَكَلَ ٱلسَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيۡتُمۡ

سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان① ، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان② ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان③ ، (ئېگىزدىن) غولاپ چۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋان④ ، ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان⑤ ، يىرتقۇچ ھايۋانلار (يېرىپ ئۆلتۈرۈپ) يەپ قويغان ھايۋان⑥ (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقىلاردىن كېيىنكى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىۋالغانلىرىڭلار ھالالدۇر⑦

① بۇ يەردىن باشلاپ، سۈرىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ھارام نەرسىلەر بايان قىلىنىدۇ. ئايەتنىڭ بىر قىسمى سۈرە بەقەرەنىڭ 173-ئايىتىدە بايان قىلىنغان ئىدى.

② بىراۋ قەستەن بوغۇپ ئۆلتۈرگەن ياكى ئۆزى بىر نەرسىگە بېشىنى تىقىپ، بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، ھەر ئىككى خىل شەكىلدە ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى ھارام بولىدۇ.

③ ئەگەر بىر ئادەم ھايۋاننى تاش، تاياق ياكى باشقا بىر نەرسە بىلەن ئۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بوغۇزلانماستىن ئۆلگەن بولسا، بۇمۇ ھارام بولىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەر بۇ خىل شەكىلدە ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يەۋېرەتتى، شەرىئەت بۇنى چەكلىدى. مىلتىق بىلەن ئوۋلانغان

ھايۋان توغرىسىدا ئۆلىمالار ئىختىلاپ قىلىشتى. ئىمام شەۋكانى بىر ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مىلتىق بىلەن ئۇۋلانغان ھايۋاننىڭ گۆشى ھالال دېدى. (فەتھۇلقەدىر) يەنى ئەگەر بىسمىللاھ دەپ ئوق ئاتقان بولسا، ئوۋ بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش بۇ سۆزگە ئاساسەن ھالال بولىدۇ.

④ مەيلى بىراۋ تاغدىن ياكى باشقا بىر جايدىن ئىتتىرىۋەتكەن بولسۇن ياكى ئۆزى غولاپ چۈشۈپ ئۆلگەن بولسۇن ئوخشاشلا ھارام بولىدۇ.

⑤ ﴿النَّطِيحَةُ﴾ باشقا ھايۋانلار ئۈسسۈپ، بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى ئۆلگەن ھايۋاننى كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ ھارامدۇر.

⑥ يەنى شىر، يولۋاس، يىلپىز، بۆرە ياكى ئىتقا ئوخشىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار ھۇجۇم قىلىپ بەزى ئەزالىرىنى يېگەندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشى ھارامدۇر. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ھايۋان بۇ شەكىلدە ئۆلۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۆشى يېيىلەتتى.

⑦ كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ ھۆكۈم مەزكۇر شەكىلدە يارىلانغان يەنى بوغۇلۇپ، ئۈسسۈلۈپ، ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ، ئېگىزدىن چۈشۈپ كېتىپ ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار چىشلىگەنلىكتىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ھايۋانلارغا قارىتىلغاندۇر. يەنى سىلەر ئەنە شۇنداق ھايۋاننى تاپساڭلار، ئۇنىڭدا ھاياتلىقتىن ئەسەر بولسا، جېنى چىقىپ بولۇشتىن ئىلگىرى شەرئىي ئۇسۇل بويىچە بوغۇزلاپ ئۈلگۈرسەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالال بولىدۇ. بوغۇزلايدىغان چاغدا سىلكىنىپ، پۇتىنى يەرگە ئۇرغانلىقى ھايات ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئەگەر بويىنغا پىچاق سۈرگەندە بۇنداق سىلكىنىش ۋە ھەرىكەت بولمىسا، ئۆلگەن بولىدۇ. بوغۇزلاشنىڭ شەرىئەت كۆرسەتكەن ئۇسۇلى «بىسمىللاھ» دەپ، ئۆتكۈر پىچاق بىلەن بويىننى كېسىپ، كېكىردەك تومۇرىنى ئۈزۈشتۇر. بوغۇزلاشتىن باشقا يەنە «نەھر» قىلىشمۇ يولغا قويۇلغان (تۆگە نەھر قىلىنىدۇ). ئۇنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، تۆگە ئۆرە تۇرغان ھالەتتە كۆكرەك بىلەن بويۇن ئارىسىدىكى بوغۇزغا پىچاق ئۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قان تومۇرى كېسىلىدۇ-دە، قېنى تولۇق چىقىپ كېتىدۇ.

وَمَا ذُبِحَ عَلَى ٱلنُّصُبِ وَأَن تَسْتَقْسِمُواْ بِٱلْأَزْلَـٰمِ ذَٰلِكُمْ فِسْقٌ

ٱلۡيَوۡمَ يَئِسَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن دِينِكُمۡ فَلَا تَخۡشَوۡهُمۡ وَٱخۡشَوۡنِۚ
ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي وَرَضِيتُ
لَكُمُ ٱلۡإِسۡلَٰمَ دِينٗاۚ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ فِي مَخۡمَصَةٍ غَيۡرَ مُتَجَانِفٖ لِّإِثۡمٖ
فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ۳

***بۇتلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارمۇ① (ھارام قىلىندى). پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى②، بۈگۈن كاپىرلار سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش)دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، شۇڭا ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم، كىمكى ئاچلىقتا ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېسە، (ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ). ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر③ .[3]***

① مۇشرىكلار بۇتلىرىغا يېقىن جايغا تاش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىنى تىكلەپ قويۇپ مەخسۇس ئورۇن ھازىرلايتتى. ئۇ جاينى ﴿النُّصُبِ﴾ (سۈپا ياكى سەھنە) دەپ ئاتايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتالغان ماللارنى بوغۇزلايتتى. يەنى بۇ «ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان» نىڭ بىر تۈرى ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، كىشىلەر ھاجەتلىرىنى سوراش ئۈچۈن بۇتخانا، مازارلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دەرگاھلارغا چارۋا-ماللارنى ئېلىپ بېرىپ، قەبرىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ روھىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بوغۇزلايدۇ، بۇنداق بوغۇزلانغان ماللار ھارامدۇر. شۇنىڭدەك تاماق ئېتىپ شۇنداق يەرلەردە تارقىتىش ۋە ئۇنىڭدىن يېيىشمۇ ھارامدۇر. چۈنكى بۇ ئىشلار «بۇتلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى» دېگەن جەكلىمىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

② ﴿ٱلۡأَزۡلَٰمِ﴾ جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە

ياغاچ ئوقنى كۆرسىتىدۇ. ياغاچ ئوقلار بىلەن پال سېلىشنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار ئىدى: بىرى، ياغاچ ئوقلار ئارقىلىق نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن چەك تاشلاش ئىدى. يەنە بىرى، شۇ ئوقلار بىلەن ئۆز تەقدىر-قىسمىتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن پال سېلىش ئىدى. بىرىنچى شەكلى بويىچە، مۇشرىكلار قىماردا ۋە باشقا ئويۇنلاردا بوغۇزلانغان مالنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن ئاشۇ ياغاچ ئوقلار بىلەن چەك تاشلايتتى، بۇنىڭدا بەزىلەرگە بىر نەرسە چىقىپ قالاتتى، بەزىلەرگە ھېچنەرسە چىقمايتتى. ئىككىنچى شەكلى بويىچە، مۇشرىكلار بىرەر ئىشنى باشلاش ئۈچۈن ياغاچ ئوقلار بىلەن پال سالاتتى، بۇ ئوقلار جەمئىي ئۈچ تال بولۇپ، بىرىنچىسىگە «قىل»، ئىككىنچىسىگە «قىلما» دەپ يېزىلغان، ئۈچىنچىسىگە ھېچ نەرسە يېزىلمىغان بولاتتى. پال سېلىپ، ناۋادا «قىل» دېگەن ئوق چىقسا، ئۇ ئىشنى دەرھال قىلاتتى. ئەگەر «قىلما» دېگەن ئوق چىقىپ قالسا، قىلمايتتى. ناۋادا قۇرۇق ئوق چىقىپ قالسا، يەنە بىر قېتىم چەك تاشلايتتى. بۇ خۇددى رەمباللىققا ئوخشاش ئاللاھنىڭ غەيبىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشنىڭ بىر تۈرى ئىدى. شۇڭا بۇمۇ ھارام قىلىندى. «اِسْتِقْسَامٌ»نىڭ مەنىسى پال سېلىش ئارقىلىق قىسمىتىنى بىلمەكچى بولماق، تەلىيىنى سىنىماق. دېمەك مۇشرىكلار ياغاچ ئوقلار بىلەن ئەنە شۇنداق ساختا بېشارەت ئالاتتى.

③ قاتتىق ئاچلىقتا قالغان شارائىتتا، پەقەت جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەزكۇر ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يېيىش جايىزدۇر. بۇنىڭ شەرتى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، پەقەت جاننى ساقلاپ قالغىدەك يېيىش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش نىيىتىدە بولماسلىقتىن ئىبارەت.

يَسْـَٔلُونَكَ مَاذَآ أُحِلَّ لَهُمْۖ قُلْ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُ وَمَا عَلَّمْتُم
مِّنَ ٱلْجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ ٱللَّهُۖ فَكُلُوا۟ مِمَّآ
أَمْسَكْنَ عَلَيْكُمْ وَٱذْكُرُوا۟ ٱسْمَ ٱللَّهِ عَلَيْهِۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ
سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٤﴾ ٱلْيَوْمَ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُۖ وَطَعَامُ ٱلَّذِينَ
أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ حِلٌّ لَّكُمْ وَطَعَامُكُمْ حِلٌّ لَّهُمْۖ

*(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك - ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر① ۋە (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى② ھالال قىلىندى، شۇڭا ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلاپ بەرگەن (يەنى تۇتۇپ تۇرغان) نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) ئاللاھنىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار) ③، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش)تىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر» [4]. بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ تامىقى (يەنى بوغۇزلىغان چارۋىلىرى)④ سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر،*

① «پاك نەرسىلەر» دېگەندە بارلىق ھالال نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر قانداق ھالال نەرسە پاكتۇر، ھەر قانداق ھارام نەرسە ناپاكتۇر.

② ﴿الْجَوَارِحِ﴾ بولسا «جَارِح»نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، كەسىپ قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئوۋ ئىتى، قارچىغا، بۈركۈت، يىلپىز قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرى ۋە ھايۋانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿مُكَلِّبِينَ﴾ دېگەن ئوۋغا ئېلىپ چىقىشتىن ئىلگىرى كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلاردۇر. كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلار - ئوۋغا قارىتىپ قويۇپ بېرىلگەندە، دەرھال يۈگۈرەيدىغان؛ توختاشقا بۇيرۇق بېرىلسە، توختايدىغان؛ قايتىشقا بۇيرۇق بېرىلسە، كەينىگە يانىدىغان ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ مەزكۇر ئۇسۇلدا كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرى ئىككى شەرت بىلەن ھالال بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇنى ئوۋلاشقا قويۇپ بېرىدىغان ۋاقىتتا بىسمىللاھ دەپ قويۇپ بېرىلگەن بولۇش. ئىككىنچى، كۆندۈرۈلگەن ئىت نىشاننى ئوۋلاپ بولغاندىن كېيىن ئىگىسىنى ساقلىشى، ئۇنىڭدىن يەپ قويماسلىقى لازىم. ھەتتا ئوۋلانغان نەرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان تەقدىردىمۇ، كۆندۈرۈلگەن ھايۋاندىن باشقا بىرسى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھەمكارلاشمىغان بولۇش شەرتى بىلەن ھالال بولىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 5483 - ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1929 - ھەدىس)

④ ئەھلى كىتابلارنىڭ پەقەت قېنى ئاقتۇرۇلۇپ بوغۇزلانغان چارۋىلىرى ھالال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ توكلۇق ئۇسكۇنىلەر بىلەن ئۆلتۈرگەن چارۋىلىرى ھالال بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا قان ئاقتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسلىق شەرت ھازىرلانمىغان.

وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ
ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ إِذَآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحۡصِنِينَ غَيۡرَ
مُسَٰفِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِيٓ أَخۡدَانٖۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلۡإِيمَٰنِ فَقَدۡ حَبِطَ
عَمَلُهُۥ وَهُوَ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ۝٥ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ
إِذَا قُمۡتُمۡ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ فَٱغۡسِلُواْ وُجُوهَكُمۡ وَأَيۡدِيَكُمۡ إِلَى ٱلۡمَرَافِقِ
وَٱمۡسَحُواْ بِرُءُوسِكُمۡ وَأَرۡجُلَكُمۡ إِلَى ٱلۡكَعۡبَيۡنِۚ

***سىلەر ئىپپەتلىك بولغان، زىنانى كۆزلىمىگەن ۋە يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمىغان ھالەتلەردە مۆئمىنلەردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنى مەھرىنى بېرىپ (قائىدە بويىچە نىكاھلاپ ئالساڭلار، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر)① . كىمكى ئىماننى (يەنى ئاللاھ ئىمان ئېيتىشقا بۇيرىغان مەسىلىلەرنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭ (بۇرۇن قىلغان ياخشى) ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ [5]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار②، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار③، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار④،***

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ جايىزلىقىنى بايان قىلىپ، بىرىنچى، ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنى شەرت قىلدى. بۇ ئىپپەت سۈپىتى بۈگۈنكى ئەھلى كىتابتىن بولغان كۆپىنچە ئاياللاردا تېپىلمايدۇ. ئىككىنچى، ئۇنىڭدىن

كېيىنلا ﴿كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ (بۇرۇن قىلغان ياخشى) ئەملى بىكار قىلىنىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ﴾ دەپ كەلتۈرۈپ، ئەگەر ئۇ ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش دىندىن ئايرىلىپ قېلىشقا سەۋەب بولسا، بۇنىڭ ناھايىتى چوڭ زىيان تارتقانلىق بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ كىشىنىڭ دىنىغا ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر. چۈنكى، ئىماننى ۋە دىننى ساقلاپ قېلىش پەرزدۇر. بىر جايىز ئىشنى قىلىش ئۈچۈن پەرزنى خەتەرگە دۇچار قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ جايىزلىقى مەزكۇر ئىككى شەرتكە باغلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بۈگۈنكى ئەھلى كىتابلار ئۆز دىنلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن، ھەتتا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، قارشى تۇرىدىغان بولۇپ كەتكەن ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ھەقىقىي ئەھلى كىتابلار جۈملىسىدىن سانىلامدۇ؟ ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

② «يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار» يەنى بىر قېتىمدىن ياكى ئىككى قېتىمدىن ياكى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇڭلار. يەنى ئىككى قولنى يۇيۇپ، ئېغىزنى چايقاپ، بۇرۇنغا سۇ ئېلىپ تازىلىغاندىن كېيىن يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، بۇ تەرتىپ ھەدىستە شۇنداق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، يۈزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قول جەينەككىچە يۇيۇلىدۇ.

③ باشنىڭ ھەممە يېرىگە مەسھى قىلىنىدۇ، ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قولنى پېشانىگە قويۇپ، گەردەنگىچە باشنىڭ ئوتتۇرىسىنى سىلاش ئاندىن گەردەندىن پېشانىغىچە باشنىڭ ئىككى تەرىپىنى سىلاش، يەنە قولنىڭ بارمىقى بىلەن ئىككى قۇلاقنى سىلاش كېرەك. ئەگەر كىشىنىڭ بېشىدا رومال ياكى سەللە بولسا، ئۆتۈككە مەسھى قىلغاندەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىشمۇ جايىز بولىدۇ. (سەھىھ مۇسلىم 274-ھەدىس) پەقەت بىر قېتىملا مەسھى قىلىپ سىلاش كۇپايە قىلىدۇ.

④ ﴿ اَرْجُلَكُمْ﴾دىكى باغلىغۇچى ﴿ وُجُوهَكُمْ﴾غا قارىتىلغان. يەنى پۇتۇڭلارنى ئوشۇققىچە يۇيۇڭلار دېمەكتۇر. ئەگەر كىشى ئۆتۈك ياكى پايپاق (تاھارەت بىلەن كەيگەن بولسا) كەيگەن بولسا، ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا ئۆتۈك ياكى پايپاققا مەسھى قىلسا جايىز بولىدۇ. ئەسكەرتىش: 1. ناماز ۋاقتى كىرگەندە ئەگەر تاھارىتى بولسا، يېڭى تاھارەت ئېلىش زۆرۈر ئەمەس. ئەمما ھەر نامازغا يېڭى

تاھارەت ئېلىش ئەۋزەلرەك. 2. تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى نىيەت قىلىش زۆرۈر. 3. تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى بىسمىللاھ دېيىش لازىم. 4. ساقىلى قويۇق ئادەم ساقال ئارىلىقىغا بارماقلىرىنى كىرگۈزۈپ سىلاش كېرەك. 5. ئەزالارنى تەرتىپ بىلەن يۇيۇش. 6. ئەزالارنى ئارقىمۇ-ئارقا يۇيۇش. يەنى بىر ئەزانى يۇيۇپ بولۇپ، يەنە بىر ئەزانى دەرھال كېچىكتۈرمەستىن يۇيۇش. 7.تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان ئەزالاردىن بىر ئەزانىڭ بىر قىسمى قۇرۇق قالماسلىق كېرەك، بولمىسا تاھارەت بولمايدۇ. ھېچقانداق بىر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيماسلىق كېرەك. ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇش سۈننەتكە خىلاپتۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر، فەتھۇلقەدىر، ئەيسەر تەپاسىر)

وَإِن كُنتُمۡ جُنُبٗا فَٱطَّهَّرُواْۚ وَإِن كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوۡ جَآءَ أَحَدٞ مِّنكُم مِّنَ ٱلۡغَآئِطِ أَوۡ لَٰمَسۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمۡ تَجِدُواْ مَآءٗ فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدٗا طَيِّبٗا فَٱمۡسَحُواْ بِوُجُوهِكُمۡ وَأَيۡدِيكُم مِّنۡهُۚ مَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيَجۡعَلَ عَلَيۡكُم مِّنۡ حَرَجٖ وَلَٰكِن يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمۡ وَلِيُتِمَّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٦

***ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسۇل قىلىڭلار)① ، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن بولۇپ (تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن)، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان بولۇپ (غۇسۇل ـ تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا ئۇرۇلغان قولۇڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى ۋە قولۇڭلارنى سىلاڭلار (يەنى تەيەممۇم قىلىڭلار)② ، ئاللاھ سىلەرنى مۇشەققەتتە قويۇشنى خالىمايدۇ③ ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاپ بېرىشنى خالايدۇ④ [6].***

① ﴿جُنُبًا﴾ دېمەك ئىنسان ئىھتىلام ياكى ئايالى بىلەن بىر يەردە بولغاندىن كېيىن دۇچار بولىدىغان ناپاكلىق ھالەتتۇر. بۇ ھۆكۈمنىڭ ئاستىغا ھەيز-نىپاسمۇ كىرىدۇ. ھەيز ياكى نىپاس قېنى توختىغاندىن كېيىن پاك بولۇش ئۈچۈن غۇسۇل-تاھارەت ئېلىش لازىم. ئەمما سۇ تېپىلمىغان ئەھۋالدا تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغاندۇر. (فەتھۇلقەدىر ۋە سەفۋەتۇتتەفاسىر)

② بۇنىڭ قىسقىچە شەرھىسى ۋە تەيەممۇم قىلىشنىڭ ئۇسۇلى سۈرە نىسانىڭ 43-ئايىتىدە بايان قىلىندى. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «بىز مەدىنىگە كېتىۋاتقاندا بەيدا دېگەن جايدا مېنىڭ بىر بۇلاپكام چۈشۈپ قالدى. شۇڭا كارۋان توختاشقا مەجبۇر بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلىق ھەممە كىشى شۇ يەردە ئارام ئالدى. كىشىلەر ئەتىگەندە بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ ئىزدىگەن ئىدى، سۇ تېپىلمىدى. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت نازىل بولدى. (تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى) ئەسىد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئى ئەبۇبەكرى جەمەتى! ئاللاھ سىلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە بەرىكەت ۋە قولايلىق ئاتا قىلدى. سىلەر خالايىققا بەرىكەت ئىكەنسىلەر› دېدى.» (سەھىھۇل بۇخارى 4607-ھەدىس)

③ ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدىغان بولغاچقا تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.

④ شۈكۈر قىلىش يۇزىسىدىن ھەدىستە تاھارەتتىن كېيىن دۇئا قىلىشقا تەرغىب قىلىنغان. دۇئا كىتابلىرىدىن بۇ دۇئانى يادلىۋېلىش لازىم.

وَٱذْكُرُواْ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمِيثَٰقَهُ ٱلَّذِى وَاثَقَكُم بِهِۦٓ إِذْ قُلْتُمْ
سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا ۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٧ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُواْ قَوَّٰمِينَ لِلَّهِ شُهَدَآءَ بِٱلْقِسْطِ ۖ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ
شَنَـَٔانُ قَوْمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعْدِلُواْ ۚ ٱعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ ۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ۚ

إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿٨﴾ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿٩﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ
بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٠﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ
نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ هَمَّ قَوۡمٌ أَن يَبۡسُطُوٓاْ إِلَيۡكُمۡ أَيۡدِيَهُمۡ
فَكَفَّ أَيۡدِيَهُمۡ عَنكُمۡۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿١١﴾

***ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى ۋە سىلەر (ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق) «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلىمىز» دەپ ئاللاھقا بەرگەن ۋەدەڭلارنى ئۇنتۇماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنىمۇ تولۇق بىلگۈچىدۇر [7]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ (نىڭ رازىلىقى) ئۈچۈن ئادالەتنى بەرپا قىلىڭلار (ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار)، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار①، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن②، ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [8]. ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپاتنى ۋەدە قىلدى [9]. كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەن كىشىلەر دوزاخ ئەھلىدۇر [10]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن (يەنى سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن ساقلىغانلىق) نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە (خىرىس قىلىپ) قول سالماقچى بولغان ئىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توسۇپ قالدى (يەنى سىلەرنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلاپ قالدى)③. ئاللاھتىن (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن) قورقۇڭلار، مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن! [11].***

① بۇ ھۆكۈمنىڭ شەرھىسى سۈرە نىسانىڭ 135-ئايىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

② بۇ نۇقتا سۈرە مائىدەنىڭ بېشىدا تەپسىلىي شەرھلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدە ئادىلانە گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ۋە نازۇكلۇقىنى تۆۋەندىكى ۋەقەدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېدى: «دادام ماڭا بىر نەرسە بەرگەن ئىدى. ئانام ئەمرە بىنتى راۋاھە دادامغا: ‹بۇ ئىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھ قىلىپ قويمىساڭ رازى بولمايمەن› دەپ تۇرىۋالدى. شۇڭا دادام بەرگەن نەرسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھ قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: ‹ھەممە باللىرىڭغا مۇشۇ بالاڭغا بەرگەنندەك بەردىڭمۇ؟› دەپ سورىدى. دادام: ‹ياق› دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار! باللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار! (باراۋەر مۇئامىلە قىلىڭلار!) مەن ھەرگىز ناھەق ئىشقا گۇۋاھ بولمايمەن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن دادام ماڭا بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋالدى.» (سەھىھۇل بۇخارى 2587-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1623-ھەدىس)

③ تەپسىرلەردە بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ: بىرىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە بىر جايغا كېلىپ چۈشتى، قوشۇن تىكەنلىك دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا سايىداش ئۈچۈن تارقىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قىلىچىنى دەرەخكە ئېسىپ قويغان ئىدى. بىر سەھرالىق ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىلىچىنى ئېلىۋالدى ۋە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەڭلەپ: «سېنى مەندىن كىم قۇتقۇزالايدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلۇغ ئاللاھ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 2910-ھەدىس)

بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ يېنىغا بارغاندا، كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ئادەملىرى سۇيىقەست پىلانلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىدى.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەت بەنى نەزىر جەمەتى ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن

بولغان ئىككى كىشى ئۆلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ دىيتىنى تۆلەشكە بەنى نەزىر جەمەتى بىلەن تۈزگەن ھەمكارلىق كېلىشىمى بويىچە بىر كىشىلىك ياردەم ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىر تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغاندا، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تۈگمەن تېشىنى تاشلاپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى. دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پىلانىنى پەيغەمبىرىگە ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈردى.

بۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەممىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن بۇ ئايەت نازىل قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى بىر ئايەتنىڭ بىر نەچچە چۈشۈش سەۋەبلىرىمۇ بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر، ئەيسەر تەپاسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

۞ وَلَقَدۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَبَعَثۡنَا مِنۡهُمُ ٱثۡنَيۡ عَشَرَ نَقِيبٗاۖ وَقَالَ ٱللَّهُ إِنِّي مَعَكُمۡۖ لَئِنۡ أَقَمۡتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَيۡتُمُ ٱلزَّكَوٰةَ وَءَامَنتُم بِرُسُلِي وَعَزَّرۡتُمُوهُمۡ وَأَقۡرَضۡتُمُ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنٗا لَّأُكَفِّرَنَّ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَلَأُدۡخِلَنَّكُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ فَمَن كَفَرَ بَعۡدَ ذَٰلِكَ مِنكُمۡ فَقَدۡ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿١٢﴾

***شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى① . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەربىرىسىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى② (كېپىللىك ئۈچۈن ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق، ھەمدە ئاللاھ: «مەن سىلەر بىلەن بىللە (يەنى سىلەرگە ياردەم بېرىمەن)، ئەگەر سىلەر نامازنى مۇكەممەل (تەلەپكە لايىق) ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى***

***(ئەمر قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى [12].***

① ئالدىنقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۆئمىن بەندىلىرىنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بەرگەن ئەھدىلىرىدە مۇستەھكەم تۇرۇشقا ۋە ھەقنى قوللاپ، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشكە بۇيرىدى. يەنە ئۇلارغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلىرىنى ئەسكەرتتى. خۇسۇسەن ئۇلارنى ھىدايەتكە ۋە ھەق يولغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك نېمىتىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئەمدى بۇ يەردە بولسا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئالغان ئەھدە ۋە ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرىدە تۇرمىغانلىقىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. بۇ خۇددى مۇسۇلمانلارغا ۋاسىتىلىك قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇلارغا: سىلەرمۇ ئىسرائىل ئەۋلادىدەك ئەھدىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنماڭلار! دېيىلمەكتە.

② بۇ ۋەقە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەمالىقەلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييار بولغاندا يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئون ئىككى ئايمىقىدىن ھەربىر ئايمىقىغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ھەربىر باشلىقنى ئۆز ئايمىقىنى جەڭگە تەييارلاش، ئايماقنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىش ۋە تەرتىپكە سېلىشقا مەسئۇل قىلدى.

فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَٰقَهُمْ لَعَنَّٰهُمْ وَجَعَلْنَا قُلُوبَهُمْ قَٰسِيَةً ۖ يُحَرِّفُونَ ٱلْكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِۦ ۙ وَنَسُوا۟ حَظًّا مِّمَّا ذُكِّرُوا۟ بِهِۦ ۚ وَلَا تَزَالُ تَطَّلِعُ عَلَىٰ خَآئِنَةٍ مِّنْهُمْ إِلَّا قَلِيلًا مِّنْهُمْ ۖ فَٱعْفُ عَنْهُمْ وَٱصْفَحْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٣﴾

***ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق ۋە دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق. ئۇلار (تەۋراتنىكى) سۆزلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ①، ئۇلار (تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان***

***نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى②. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن③ باشقىسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن④، (سەن يەنىلا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن ۋە كەچۈرگىن⑤، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ [13].***

① يەنى شۇ قەدەر قاتتىق ئەھدۇپەيمان قىلغان تۇرۇپمۇ ئىسرائىل ئەۋلادى ئەھدىنى بۇزدى. شۇ سەۋەبتىن لەنەتكە لايىق بولۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولدى. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغانلىقنىڭ دۇنيادىكى نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كېتىپ، تەسىرلىنىش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، شۇڭا ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىككىنچىدىن، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. ئۇلار ئايەتتىكى سۆزلەرنى ئۆزگەرتكەندەك مەنىلىرىنىمۇ بۇرمىلىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە چۈشەنچىلىرىدە قىڭغىرلىق ۋە چېكىنىش يۈز بەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشتىن تەپ تارتمايدىغان بولۇپ كەتتى.

② ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغانلىقنىڭ ئۈچىنچى نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش قىزغىنلىقى يوقالدى. ئەمەلسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىق ئۇلارنىڭ (نومۇس ياكى خىجىللىق ھېس قىلمايدىغان) تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئاخىرى ناچارلىقتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، نە ئۇلارنىڭ دىلى ساپ، نە تەبىئىتى تۈز بولالمىدى.

③ بۇ ئازغىنە كىشىلەر يەھۇدىيلار ئىچىدىن مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى ئوندىنمۇ ئاز ئىدى.

④ يەنى ھىيلە-مىكىر، خىيانەت، ئالدامچىلىق ئۇلارنىڭ خۇي-پەيلىگە ئايلاندى. بۇنى ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ھەر ۋاقىت بايقاپ تۇرىسەن.

⑤ كەچۈرۈم قىلىشنى تەرغىب قىلغان بۇ بۇيرۇق، ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان ۋاقىتتا چۈشكەن ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا بۇ ھۆكۈم چىقىرىلدى: ﴿ئاللاھ (ئۆزىنىڭ

كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار﴾. (سۈرە تەۋبە 29-ئايەت) بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان. بۇ ئۆز ئورنىغا مۇھىم بىر ھۆكۈم بولۇپ، ۋەزىيەت-شارائىتلارغا قاراپ قوللىنىشقا بولىدۇ. كەچۈرۈم قىلىشتىن بەزى چاغلاردا ئۇرۇشتىن ھاسىل بولىدىغان نەتىجىلەر ھاسىل بولىدۇ.

وَمِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّا نَصَٰرَىٰٓ أَخَذْنَا مِيثَٰقَهُمْ فَنَسُواْ حَظًّا مِّمَّا
ذُكِّرُواْ بِهِۦ فَأَغْرَيْنَا بَيْنَهُمُ ٱلْعَدَاوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِۚ
وَسَوْفَ يُنَبِّئُهُمُ ٱللَّهُ بِمَا كَانُواْ يَصْنَعُونَ ﴿١٤﴾ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ قَدْ
جَآءَكُمْ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمْ كَثِيرًا مِّمَّا كُنتُمْ تُخْفُونَ مِنَ
ٱلْكِتَٰبِ وَيَعْفُواْ عَن كَثِيرٍۚ قَدْ جَآءَكُم مِّنَ ٱللَّهِ نُورٌ وَكِتَٰبٌ
مُّبِينٌ ﴿١٥﴾

*بىز ناسارامىز دېگەنلەردىنمۇ① (ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا) مەھكەم ئەھدە ئالدۇق. ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكە قەدەر ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق②. (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ) [14]. ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرگە كىتابىڭلار (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) سىلەر يوشۇرغان نەرسىلەرنىڭ③ نۇرغۇنىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە نۇرغۇنىنى (ئاشكارىلىماي سىلەرنى پاش قىلماي) كەچۈرىدىغان رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى④ [15].*

① ﴿نَصَٰرَىٰ﴾ نۇسرەت، ياردەم بېرىش دېگەن مەنىدە. بۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: «(ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) ئاللاھقا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟» دېگەن سوئالىغا، ئۇنىڭ ئىخلاسمەن ھەۋارىيلىرىنىڭ: «بىز ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرىمىز» دەپ بەرگەن جاۋابىدىن ئېلىنغان سۆزدۇر. بۇلارمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ئەھلى كىتاب بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىنمۇ ئەھدە ئالغان ئىدى. لېكىن ئۇلارمۇ ئەھدىگە ۋاپا قىلمىدى، نەتىجىدە ئۇلار ئەخلاقتىن يىراقلىشىپ، دىللىرىغا نەسىھەت تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، يەنە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولدى.

② بۇ ئاللاھ بىلەن قىلىشقان ئەھدىنى بۇزغان ۋە بۇيرۇققا ئەمەل قىلمىغانلىقتىن قىيامەتكە قەدەر ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىنغان ئاللاھنىڭ جازاسىدۇر. شۇڭا خرىستىئانلارنىڭ ھەرقايسى پىرقىلىرى بىر-بىرىگە ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك قىلىشىدۇ، بىر-بىرىنى كاپىر دەپ لەنەت قىلىشىدۇ. بىر پىرقە باشقا بىر پىرقىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئىبادەت قىلمايدۇ.

③ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلدە ئۆزگەرتكەن، بۇرمىلىغان، ئۆچۈرگەن ۋە يوشۇرغان جايلىرىنى بايان قىلدى. مەسىلەن: چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىنى ئۆزگەرتكەنلىكى سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىندى.

④ بۇ ئايەتتىكى «نۇر ۋە روشەن كىتاب» ئىككىلىسىدىن قۇرئان كەرىم مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىدىكى «ۋە» مەنە جەھەتتىن ئوخشاش ئىككى سۆزنى باغلىغۇچى سۈپىتىدە كەلگەن بولۇپ، كېيىنكى سۆز ئالدىدىكى سۆزنى ئىزاھلىغۇچىدۇر. دەلىل شۇكى، ئۇنى كېيىنكى ئايەت ئىسپاتلايدۇ: ﴿ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ﴾ ئەگەر نۇر ۋە كىتاب ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم ئىككى نەرسە بولسا ئىدى، ئايەت «ئاللاھ ئۇ ئىككىسى ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ» دەپ كەلگەن بولاتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتىدىن ئايان بولدىكى، «نۇر ۋە روشەن كىتاب» ھەر ئىككىسىدىن بىرلا نەرسە يەنى قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلغان. نۇردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە كىتابتىن قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن قاراش خاتادۇر. مەسىلەن: بىر قىسىم بىدئەتچىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھنىڭ نۇرىدىن

بولغان بىر نۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەم زاتىدىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ باتىل ئېتىقاتلىرىغا «ئاللاھ ھەممىدىن بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرىنى ياراتقان، ئاندىن ئۇ نۇردىن پۈتۈن كائىناتنى ياراتقان» دېگەن بىر ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ، ھالبۇكى، بۇ ھەدىس ھېچقايسى ھەدىسلەر توپلىمىدا يوق. يەنە تېخى بۇ ھەدىس مۇنداق بىر سەھىھ ھەدىسكە زىت كېلىدۇ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بۇرۇن قەلەمنى ياراتتى». (سۈنەنى تىرمىزى 2155-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4700-ھەدىس) ھەدىسشۇناس ئالىم ئەلبانى مۇنداق يازىدۇ: بۇ قەلەمنى دەسلەپتە ياراتقانلىق توغرىسىدىكى ھەدىس شەكسىز سەھىھ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ قالغان جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئى جابىر! ئاللاھ ھەممىدىن بۇرۇن پەيغەمبىرىڭنىڭ نۇرىنى ياراتقان» دېگەن ھەدىسنى ئىنكار قىلىدۇ. (مۇشكات مۇلاھىزىلىرى، 1-توم، 34-بەت)

يَهۡدِي بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضۡوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَٰمِ وَيُخۡرِجُهُم مِّنَ
ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذۡنِهِۦ وَيَهۡدِيهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ١٦ لَّقَدۡ
كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ مَرۡيَمَۚ قُلۡ فَمَن
يَمۡلِكُ مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـًٔا إِنۡ أَرَادَ أَن يُهۡلِكَ ٱلۡمَسِيحَ ٱبۡنَ مَرۡيَمَ وَأُمَّهُۥ
وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗاۗ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَاۚ
يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٧

*ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك (نىجاتلىق) يوللىرى (يەنى ئۆزىنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ [16]. «ئاللاھ ــ مەريەم ئوغلى مەسىھتۇر» دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. (ئى پەيغەمبەر! ناساراارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ مەريەم ئوغلى*

*مەسىھنى، ئۇنىڭ ئانىسىنى (يەنى مەريەمنى) ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھ (نىڭ ئىرادىسى)دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟» ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر① [17].*

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى ۋە پادىشاھلىقىنى بايان قىلدى. مەقسەت خرىستىئانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەيدىغان ئېتىقادىغا رەددىيە بېرىش ۋە ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاشتۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئۆزى دەپ قارايدىغانلار يەقۇبىييە دېگەن قەدىمقى بىر پىرقە ئىدى. لېكىن ھازىرقى خرىستىئانلار ھەممىسى دېگۈدەك ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ھەر قانداق شەكىلدە ئىلاھ دەپ قارايدۇ، شۇڭا ھازىرقى خرىستىئان دىنىدا ئۈچ خۇدا ياكى ئۈچ ئاقانىم ئەقىدىسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەر ھالدا قۇرئان كەرىم بۇ ئورۇندا قانداق بىر رەسۇل ياكى پەيغەمبەرنى ئىلاھى سۈپەتلەرگە ئىگە دەپ قاراش ئېنىق كۇفرىلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەپ قاراپ كاپىر بولدى. ھەرقانداق گۇرۇھ ياكى پىرقە قايسىبىر پەيغەمبەرنى ھۆرمەتلەشتە ئىنسانلىق ۋە پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدىن ئاشۇرۇپ، ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىكەن، ئۇلارمۇ كاپىر بولىدۇ. ئاللاھ بىزنى بۇزۇق ئەقىدىلەردىن ساقلىسۇن.

وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ وَٱلنَّصَٰرَىٰ نَحْنُ أَبْنَٰٓؤُا۟ ٱللَّهِ وَأَحِبَّٰٓؤُهُۥ ۚ قُلْ فَلِمَ
يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُم ۖ بَلْ أَنتُم بَشَرٌ مِّمَّنْ خَلَقَ ۚ يَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ
وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ ۚ وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا ۖ
وَإِلَيْهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٨﴾ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ قَدْ جَآءَكُمْ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ
لَكُمْ عَلَىٰ فَتْرَةٍ مِّنَ ٱلرُّسُلِ أَن تَقُولُوا۟ مَا جَآءَنَا مِنۢ بَشِيرٍ وَلَا
نَذِيرٍ ۖ فَقَدْ جَآءَكُم بَشِيرٌ وَنَذِيرٌ ۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٩﴾

***يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىدۇرمىز»① دېدى. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟»② ئەكسىچە، سىلەرمۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسان. ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ③. ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، (ئاخىر) قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر [18]. ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرنىڭ «بىزگە (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (شەرىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان رەسۇلىمىز كەلدى، مانا ئەمدى ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كېلىپ بولدى④ (ئەمدى سىلەرگە ئۆزرە قالمىدى). ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [19].***

① يەھۇدىيلار ئۇزەيىر ئەلەيھىسسالامنى ۋە خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېدى، ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى دەپ دەۋا قىلدى. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە بۇ يەردە بىر سۆز جۈملىدىن قالدۇرۇلغان، يەنى «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى (ئۇزەيىر ۋە ئىيسا)نىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمىز» دېگەن بولىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق دەپ ئالغاندىمۇ يەنىلا ھەر ئىككى ئۇقۇمدىن ئۇلارنىڭ ئورۇنسىز پەخىرلىنىشى ۋە شۇ سۆزگە ئاساسسىز تايىنىۋېلىشى ئايان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇنداق پەخىرلىنىشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى يوقتۇر.

② بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ مەزكۇر پەخىرلىنىشلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدى. ئەگەر سىلەر راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى ۋە ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرى بولساڭلار، خالىغىنىڭلارنى قىلغان بولاتتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى جازالىمىغان بولاتتى. دەپ بېقىڭلارچۇ، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سىلەرنى قىلغان گۇناھىڭلار ئۈچۈن جازالاپ كەلدى؟ بۇنىڭدىن ئايان بولىدىكى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قۇرۇق دەۋالارغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ، ئۇ دەۋالارنىڭ دۇنيادىمۇ ھەم

ئاخىرەتتىمۇ پايدىسى يوق. ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ ئىمانى، تەقۋادارلىقى ۋە ئەمەلىگە قارايدۇ، دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ شۇ ئۇسۇل بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

③ بۇ ئازابلاش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ھۆكۈمى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن چىقىرىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى ئاللاھ تائالا ئوچۇق بايان قىلىپ، مۇئمىنلەرنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقى ۋە كاپىر-پاسىقلارنى ئازابلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بارلىق ئىنسانلار ھەققىدىكى ھۆكۈممۇ دەل شۇنىڭغا ئاساسەن بولىدۇ. ئى ئەھلى كىتابلار! سىلەرمۇ ئاللاھ تائالا ياراتقان ئىنسانسىلەر، سىلەرگە قارىتا چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم باشقا ئىنسانلارنىڭكىدىن قانداقمۇ پەرقلىق بولسۇن؟

④ ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا تەخمىنەن 570 يىل ياكى 600 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، ئارىلىقتا پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان. بۇ ئارىلىق «فەترەت زامانى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە ئەھلى كىتابلارغا دېيىلىۋاتىدۇكى، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان زاماندىن كېيىن بىز ئاخىرقى رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتۇق، ئەمدى سىلەرنىڭ :بىزگە ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى، بىشارەت بەرگۈچى پەيغەمبەر كەلمىدى، دېيىشىڭلارغا ئورۇن قالمىدى.

وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ
جَعَلَ فِيكُمۡ أَنۢبِيَآءَ وَجَعَلَكُم مُّلُوكٗا وَءَاتَىٰكُم مَّا لَمۡ يُؤۡتِ
أَحَدٗا مِّنَ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢٠ يَٰقَوۡمِ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡأَرۡضَ ٱلۡمُقَدَّسَةَ ٱلَّتِي
كَتَبَ ٱللَّهُ لَكُمۡ

***ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردىن (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. سىلەرنى پادىشاھلار قىلغان① (يەنى ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارغا خوجا قىلغان)، سىلەرگە جاھان***

***ئەھلىدىن ھېچكىمگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرۈشتىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېمەتلەرنى بەرگەن ئىدى②***
***[20]. ئى قەۋمىم! ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن يازغان③***

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىغا كۆپ پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت نېمەتلىرىنى بايان قىلدى، ھەقىقەت شۇكى، ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆز قەۋمىدىن 75 پەيغەمبەر كەلگەن بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشتى، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولدى. شۇنىڭدەك بىر قانچە پادىشاھلارمۇ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلدى، ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن بەزى پەيغەمبەرلەرگە مەسىلەن: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا پادىشاھلىق ئاتا قىلدى. بۇيەردە پادىشاھلىق ئاتا قىلدى دېمەك ئۆز ئىستىقبالى ھەققىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى دېگەن مەنىدە. يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزۈڭلار باشقۇرىدىغان پادىشاھلىق ئاتا قىلدى. باشقا نېمەتلەر تۆۋەندىكى ئايەتتە كېلىدۇ.

② بۇ يەردە ئىسرائىل ئەۋلادىغا بېرىلگەن نېمەت ۋە مۆجىزىلەر ئەسلىتىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بەرگەن، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بەرگەن، فىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دېڭىزنى يېرىپ ئۆتتۈرۈشتىن يول ئېچىپ بەرگەن قاتارلىق مۆجىزىلەر. بۇ جەھەتتە ئۇ قەۋم ئۆز زامانىدا ئارتۇقچىلىققا ۋە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. لېكىن ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن بۇ ئارتۇقچىلىق ۋە پەزىلەت ئەمدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە نېسىپ بولدى. ﴿(ئى پەيغەمبەر ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾. (سۇرە ئال ئىمران **110**-ئايەت) لېكىن بۇنىڭ بىر شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغانلاردىن بولۇشتۇر. ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنى بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممەت

دېگەن ئىززىتىنى ساقلاپ قالسۇن.

③ «ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن يازغان» دېگەندە ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان جىھاد قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان غەلىبە-نۇسرەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

وَلَا تَرۡتَدُّواْ عَلَىٰٓ أَدۡبَارِكُمۡ فَتَنقَلِبُواْ خَٰسِرِينَ ﴿٢١﴾ قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّ فِيهَا قَوۡمٗا جَبَّارِينَ وَإِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَا حَتَّىٰ يَخۡرُجُواْ مِنۡهَا فَإِن يَخۡرُجُواْ مِنۡهَا فَإِنَّا دَٰخِلُونَ ﴿٢٢﴾ قَالَ رَجُلَانِ مِنَ ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمَا ٱدۡخُلُواْ عَلَيۡهِمُ ٱلۡبَابَ فَإِذَا دَخَلۡتُمُوهُ فَإِنَّكُمۡ غَٰلِبُونَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَتَوَكَّلُوٓاْ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٢٣﴾ قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَآ أَبَدٗا مَّا دَامُواْ فِيهَا فَٱذۡهَبۡ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ ﴿٢٤﴾

*مۇقەددەس زېمىنغا (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار①، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار②، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» [21]. ئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى زومىگەر) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر ئىدى)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇيەردىن چىقىپ كەتسە، چوقۇم كىرىمىز» دېدى③ [22]. ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن بولغان، ئاللاھنىڭ (ئىمان بىلەن تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشە ئىبنى نۇن) ئۇلارغا: «(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن (ھۇجۇم قىلىپ) كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن (ھۇجۇم قىلىپ) كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر (ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېدى④ [23]. ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى): «ئى مۇسا! مادامىكى، ئۇلار ئۇ يەردىلا بولىدىكەن، بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز. شۇڭا، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن ئىككىڭلار بېرىپ*

*(ئۇلار بىلەن) ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى»*⑤ دېدى *[24]*.

① ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىراس زېمىنى - بوۋىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتى بەيتۇلمۇقەددەس ئىدى. لېكىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىرغا ھاكىم بولغان زامانلاردا بالىلىرى بىلەن مىسىرغا كۆچۈپ بېرىپ يەرلەشكەن ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردا تاكى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مىسىردىن (پىرئەۋنگە بىلدۈرمەستىن) چىقىپ كەتكەنگە قەدەر ياشىدى. ئۇ چاغدا بەيتۇلمۇقەددەسكە ئەمالىقەلىكلەر ھۆكۈمران بولغان بولۇپ، ئۇلار كۈچتۈڭگۈر قەۋم ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ بېرىپ يەرلەشتۈرمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بەيتۇلمۇقەددەسنى ئەمالىقەلەردىن تارتىپ ئېلىش ۋە بۇ يولدا جىھاد قىلىش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشكە بۇيرىدى ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ غەلىبە-نۇسرەت ۋەدە قىلغانلىقى بىلەن بېشارەتمۇ بەردى. لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادى ئەمالىقەلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئۇنىمىدى. شۇ ۋەجدىن ئۇلار دەشتى چۆلدە قىرىق يىل گاڭگىراپ يۈرۈش جازاسىنى تارتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى جىھادتىن باش تارتماڭلار.

③ ئىسرائىل ئەۋلادى ئەمالىقەلەرنىڭ كۈچتۈڭگۈر دېگەن نامىدىن قورقۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا بىرىنچى قەدەمدىلا جەڭگىۋارلىقنى يوقاتتى ۋە جىھاد قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇردى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە پەرۋا قىلمىدى، ئاللاھنىڭ غەلىبە ئاتا قىلىش ۋەدىسىگىمۇ ئىشەنمىدى. ئۇلار بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرىشكە زادى ئۇنىمىدى.

④ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن پەقەت ئىككى كىشىلا ھەقىقىي خالىس مۇئمىنلەردىن بولۇپ چىقتى، ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە جەزمەن ئىشىنەتتى. ئۇلار ئۆز قەۋمىگە خىتاب قىلىپ دېدىكى، سىلەر ئاۋال غەيرەت قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ قانداق غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى

كۆرسىلەر.

⑤ لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادى شۇنداق ۋەدىلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، قورقۇنچاقلىق، ئىتائەتسىزلىك، بويۇنتاۋلىق، ئەدەبسىزلىك يۈزىسىدىن ئۇيالماستىن: ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن ئىككىڭلار بېرىپ (ئۇلار بىلەن) ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى﴾، دېدى. ئۇلارنىڭ دەل ئەكسىچە بەدرى غازىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇش ياكى ئۇرۇشماسلىق توغرىسىدا ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سالغاندا، ئۇلار سانى ئاز، تەييارلىق ۋە قورال-ياراق جەھەتتە دۈشمەنلەردىن ئاجىز بولسىمۇ، ئۇرۇش قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگەندەك دېمەيمىز» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 3259-، 4609-ھەدىس)

قَالَ رَبِّ إِنِّي لَآ أَمۡلِكُ إِلَّا نَفۡسِي وَأَخِيۖ فَٱفۡرُقۡ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ۝٢٥ قَالَ فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيۡهِمۡۛ أَرۡبَعِينَ سَنَةٗۛ يَتِيهُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ فَلَا تَأۡسَ عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ۝٢٦ ۞ وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ ٱبۡنَيۡ ءَادَمَ بِٱلۡحَقِّ إِذۡ قَرَّبَا قُرۡبَانٗا فَتُقُبِّلَ مِنۡ أَحَدِهِمَا وَلَمۡ يُتَقَبَّلۡ مِنَ ٱلۡأٓخَرِ قَالَ لَأَقۡتُلَنَّكَۖ

***مۇسا دېدىكى: «ئى رەببىم! شەكسىزكى، مەن پەقەت ئۆزۈمگە ۋە قېرىندىشىمغىلا ئىگە، سەن بىز بىلەن (ئىتائىتىڭدىن باش تارتقان) بۇ پاسىق قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن① [25]. ئاللاھ دېدى: «(ئى مۇسا!) ئۇلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى (چەكلەندى)، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ②. سەن بۇ پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن③.» [26] (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا (يەنى ئەھلى كىتابقا ۋە قەۋمىڭگە) ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى (يەنى ھابىل بىلەن قابىل)نىڭ قىسسىسىنى ئەينەن ئېيتىپ بەرگىن④، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن (يەنى ھابىل بىلەن قابىل) قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرى (يەنى ھابىل)نىڭ***

***قوبۇل بولدى، يەنە بىرى (يەنى قابىل)نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا): «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېدى،***

① بۇ ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىتائەتسىز قەۋمگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئامالسىز قالغانلىقى ۋە ئۇلارنى تىزگىنلىيەلمىگەنلىكىنى ئىزھار قىلدى يەنە ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولغانلىقىنىمۇ ئېلان قىلدى.

② بۇ چۆل تىيھ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەتسىزلىكى ۋە جىھادتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبىدىن بۇ چۆلدە يول تاپالماي 40 يىلغىچە سەرگەردانلىقتا يۈردى. شۇنداقتىمۇ، بۇ چۆلدە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنە چۈشۈرۈپ بەردى، ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى يەپ زېرىكىپ پەيغەمبىرىگە: ﴿ئى مۇسا! بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن﴾ دېدى. يەنە مۇشۇ چۆلدە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بەردى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى بىلەن قورام تاشقا ئۇرۇشى ئارقىلىق تاشتىن 12 قەبىلە ئۈچۈن 12 ئېقىن سۇ چىقىرىپ بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارغا ھەر خىل نېمەتلەرنى بېرىپ تۇردى، مۇشۇ تەرىقىدە 40 يىل ئادىشىپ يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار بەيتۇلمۇقەددەسنى ئازات قىلدى.

③ مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى دىن ۋە دۇنيانىڭ بەخت-سائادىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان توغرا يولغا دەۋەت قىلسىمۇ، قەۋمىنىڭ ئۇ يولدا مېڭىشقا ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق بىئارام بولاتتى ۋە ئەپسۇسلىناتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىدى، بۇ كەيپىياتنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا تىلغا ئالدى. بۇ ئايەتتە بولسا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېيىلىۋاتىدۇكى، سەن يەتكۈزۈش ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ، ئەمرىمنى كىشىلەرگە يەتكۈزدۇڭ، قەۋمىڭنى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا يەتكۈزۈپ قويدۇڭ، ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىزلىكى ۋە ناتوغرا پىكرى سەۋەبلىك دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇلار ھەققىدە قايغۇرۇشۇڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى سەن ئەلچىلىك پەرزىنى ئادا قىلىپ بولدۇڭ.

بۇنداق ئەھۋالدا غەمكىن بولۇش ئىنسان تەبىئىتىدە مەۋجۇت. لېكىن بۇ يەردىكى تەسەللىيدىن مەقسەت شۇكى، دەۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا جاۋابكار بولۇشتىن خالاس بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

④ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسىملىرى ھابىل ۋە قابىل ئىدى.

قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٢٧﴾ لَئِنۢ بَسَطتَ إِلَيَّ يَدَكَ
لِتَقۡتُلَنِي مَآ أَنَا۠ بِبَاسِطٖ يَدِيَ إِلَيۡكَ لِأَقۡتُلَكَۖ إِنِّيٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ
ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٨﴾ إِنِّيٓ أُرِيدُ أَن تَبُوٓأَ بِإِثۡمِي وَإِثۡمِكَ فَتَكُونَ مِنۡ أَصۡحَٰبِ
ٱلنَّارِۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُاْ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٩﴾ فَطَوَّعَتۡ لَهُۥ نَفۡسُهُۥ قَتۡلَ أَخِيهِ

***(ھابىل) ئېيتتى: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىدۇ① [27]. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزغۇچى ئەمەسمەن، چۈنكى مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن [28]. مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ مېنىڭ گۇناھىمنى (يەنى مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىنى) ۋە ئۆزۈڭنىڭ (ئىلگىرىكى) گۇناھىڭنى (يەنى ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى) ئۈستۈڭگە ئېلىپ② دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭنى خالايمەن، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر.» [29]. ئۇ (يەنى قابىل)نىڭ نەپسى خاھىشى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (يەنى ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى،***

① بۇ قۇربانلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچبىر توغرا رىۋايەت يوق، ئەمما بۇ ھەقتە مەشھۇر بولغان رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ھەۋۋا ئانىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ھەر قېتىم قورساق كۆتۈرگەندە بىر ئوغۇل بىر قىز تۇغاتتى. بىر قېتىملىق قورساق كۆتۈرۈشتىن تۇغۇلغان ئوغۇلغا يەنە بىر قېتىم قورساق كۆتۈرۈشتىن تۇغۇلغان قىزنى ئېلىپ

بېرەتتى. قائىدە بويىچە قابىل ھابىلنىڭ ھەمشىرىسىنى، ھابىل قابىلنىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىغا ئېلىشى توغرا بولاتتى، ھابىلنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ھەمشىرىسى سەت، قابىلنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ھەمشىرىسى چىرايلىق بولغاچقا، قابىل ھەمشىرىسىنى ھابىلغا بەرمەي ئۆزى ئالماقچى بولدى. بۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالام قابىلغا چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭغا رازى بولمىدى، ئاخىرى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرىدى، قايسىسىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنسا، قابىلنىڭ ھەمشىرىسىنى شۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەتىجىدە ھابىلنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنىپ، قابىلنىڭ قوبۇل قىلىنمىدى، يەنى ئاسماندىن بىر ئوت چۈشۈپ ھابىلنىڭ قۇربانلىقىنى يەپ كەتتى، بۇ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ھەر ئىككى قېرىنداش ئۆزلۈكىدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قۇربانلىق تەقدىم قىلدى. ھابىل بولسا بىر ساغلام قوچقار قۇربانلىق قىلدى، قابىل بولسا بۇغداي باشاقلىرىنى قۇربانلىق سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى.
ھابىلنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنىپ، قابىلنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنمىدى. (بۇ يەردىكى قۇربانلىق بوغۇزلاش مەنىسىدە ئەمەس، ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتىغان نەرسىنى بىر جايغا قويۇش بولۇپ، ئۇ نەرسىنى ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ كۆيدۈرسە، قوبۇل قىلىنغانلىقى مەلۇم بولاتتى) شۇنىڭ بىلەن قابىل ھابىلنىڭ قۇربانلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا ھەسەت قىلدى.

② «مېنىڭ گۇناھىمنى» يەنى مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىنى. يەنە بىر مەنىسى، ئەگەر مەن سېنى ئۆلتۈرىۋەتسەم، ماڭا يۈكلىنىدىغان گۇناھ دېمەكچى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىككى مۇسۇلمان قىلىچلىرى بىلەن ئۆزئارا ئۇرۇشسا ئۆلگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى دوزاختىدۇر.» ساھابىلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلتۈرگۈچىغۇ دوزاخقا كىرسۇن. ئۆلگۈچى نېمە ئۈچۈن دوزاخقا كىرىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆلگۈچىمۇ ئۆلتۈرگۈچىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولغانلىقىدىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 7083-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2888-ھەدىس)

فَقَتَلَهُۥ فَأَصْبَحَ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٣٠﴾ فَبَعَثَ ٱللَّهُ غُرَابًا يَبْحَثُ فِى
ٱلْأَرْضِ لِيُرِيَهُۥ كَيْفَ يُوَٰرِى سَوْءَةَ أَخِيهِ ۚ قَالَ يَٰوَيْلَتَىٰٓ أَعَجَزْتُ أَنْ
أَكُونَ مِثْلَ هَٰذَا ٱلْغُرَابِ فَأُوَٰرِىَ سَوْءَةَ أَخِى ۖ فَأَصْبَحَ مِنَ
ٱلنَّٰدِمِينَ ﴿٣١﴾ مِنْ أَجْلِ ذَٰلِكَ كَتَبْنَا عَلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَنَّهُۥ مَن
قَتَلَ نَفْسًۢا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِى ٱلْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ ٱلنَّاسَ
جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَآ أَحْيَا ٱلنَّاسَ جَمِيعًا ۚ وَلَقَدْ جَآءَتْهُمْ
رُسُلُنَا بِٱلْبَيِّنَٰتِ

*شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى① [30]. ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ (قاغا بىر ئۆلۈك قاغىنى كۆمۈش ئۈچۈن) يەرنى كولاۋاتتى. ئۇ (قابىل بۇنى كۆرۈپ): «ۋاي ئىست! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ (شەرمەندە بولۇپ) پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولدى [31]. مۇشۇ (قاتىللىق جىنايىتى) سەۋەبلىك ئىسرائىل ئەۋلادىغا شۇنداق بەلگىلىدۇق: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزسا (يەنى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ②، پەيغەمبەرلىرىمىز ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى،*

① بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق بىر ئىنسان ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئۆلتۈرگۈچىنىڭ گۇناھىدىن ئادەم (ئەلەيھىسسالام)نىڭ دەسلەپكى ئوغلىغا بىر ھەسسە يېزىلىدۇ. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى تۇنجى بولۇپ ئۆلتۈرۈشنى پەيدا قىلغان كىشىدۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى

3335-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1677-ھەدىس) ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، قابىلغا ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ جازاسى دۇنيادىلا كېچىكتۈرۈلمەستىن بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا دۇنيادىمۇ كېچىكتۈرمەستىن جازا بېرىدىغان، ئاخىرەتكىمۇ جازاسىنى قالدۇرۇپ قويىدىغان گۇناھ-زۇلۇم قىلىش ۋە سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇش گۇناھىدۇر.» (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4902-ھەدىس ۋە سۈنەنى ئىبنى ماجە 4211-ھەدىس ۋە مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد 5-توم، 36-، 38-بەت) قابىلدا بۇ ئىغىر گۇناھنىڭ ھەر ئىككىسىلا كۆرۈلگەن ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ ناھەق قاتىللىق ۋەقەسىدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئىنسان جېنىنىڭ قەدر-قىممىتىنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىسرائىل ئەۋلادىغا بۇ ھۆكۈمنى چۈشۈردى. بۇنىڭدىن ئىنساننىڭ قېنى ۋە جېنىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمە ئىسرائىل ئەۋلادىغىلا خاس ئەمەس، ئىسلامنىڭ يوليورۇقى بويىچە ھەم مەڭگۈلۈك قانۇن ھېسابلىنىدۇ.

سۇلەيمان ئىبنى رەبىئە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەسەن بەسرىدىن، بۇ ھۆكۈم پەقەت ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈنمۇ ياكى بىزگىمۇ يۈرگۈزۈلەمدۇ؟» دەپ سورىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئاللاھنىڭ زاتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، ئەلۋەتتە بىزگىمۇ يۈرگۈزۈلىدۇ، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قېنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بىزنىڭ قېنىمىزدىن ھۆرمەتلىكرەك ئەمەس.» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

ثُمَّ إِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم بَعْدَ ذَٰلِكَ فِي ٱلْأَرْضِ لَمُسْرِفُونَ ﴿٣٢﴾ إِنَّمَا جَزَٰٓؤُاْ ٱلَّذِينَ يُحَارِبُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَسْعَوْنَ فِي ٱلْأَرْضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُوٓاْ أَوْ يُصَلَّبُوٓاْ أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم مِّنْ خِلَٰفٍ أَوْ يُنفَوْاْ مِنَ ٱلْأَرْضِۚ ذَٰلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي ٱلدُّنْيَاۖ وَلَهُمْ فِي ٱلْـَٔاخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٣٣﴾

*شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ) تولىسى*

***يەنە (كۇفرىدا، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە) يەر يۈزىدە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى① [32]. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك②. بۇ جازا ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا چوڭ ئازاب باردۇر [33].***

① بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلارغا روشەن دەلىل-پاكىتلارنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىزچىل ھەددىدىن ئېشىپ بارغانلىقى ئەيىبلەندى. گويا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىۋاتىدۇكى، يەھۇدىيلار سېنى ئۆلتۈرۈش، ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر خىل سۇيىقەستلەرنى پىلانلاۋاتىدۇ. بۇ يېڭى بىر ئىش ئەمەس، ئۇلارنىڭ تارىخى ھىيلە-مىكىر ۋە بۇزۇقچىلىققا تولغان، سەن ھەر ھالدا سۇيىقەستچىلەرنىڭ مىكرىنى بەربات قىلغۇچى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئۇ ئەڭ ياخشى تەدبىر قىلغۇچىدۇر.

② بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق بىر ھەدىس بار: ئۇكەل ۋە ئۇرەينە قەبىلىسىدىن سەككىز كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىگە كەلدى. ئۇلارغا مەدىنىنىڭ ھاۋاسى مۇناسىپ كەلمەي كېسەل بولۇپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھال ئېيتىپ كېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەدىنىنىڭ سىرتىدىكى سەدىقە قىلىنغان تۆگىلەر تۇرىدىغان جايغا ئەۋەتتى، ئۇلارغا: تۆگىلەرنىڭ سۈت ۋە سۈيدۈكلىرىنى ئىچكىلار، ئاللاھ سىلەرگە شىپالىق بېرىدۇ، دېدى. ئۇلار تۆگىلەرنىڭ سۈت ۋە سۈيدۈكلىرىنى ئىچىپ، بىر قانچە كۈندىلا ساقىيىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن پادىچىنى ئۆلتۈرۈپ تۆگىلەرنى ھەيدەپ قېچىپ كەتتى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئادەملەرنى ئەۋەتتى. ئەۋەتىلگەنلەر بۇلاڭچىلارغا يېتىشىۋېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ پۇت قوللىرىنى كېسىپ كۆزلىرىنى ئويۇپ تاكى ئۆلگىچە ئاپتاپقا تاشلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى. چۈنكى ئۇلار پادىچىنىمۇ شۇنداق قىلغان ئىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 233-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1671-ھەدىس)

سەھىھۇل بۇخارىدىكى يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۇلار ھەم

بۇلاڭچىلىق قىلغان ھەم ئادەم ئۆلتۈرگەن، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كاپىر بولغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان». (سەھىھۇل بۇخارى 233-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1671-ھەدىس )

بۇ «مۇھارىبە ئايىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى ئومۇمىي بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىمۇ ۋە كاپىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھارىبە دېمەك ھەر قانداق بىر تەشكىلات ياكى قوراللىق گۇرۇھنىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتى دائىرىسى ئىچىدە ياكى شۇنىڭغا يېقىن يېزا-سەھرالاردا كېتىۋاتقان كارۋانلار ۋە مۇساپىرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاپ-تالاش، ئېلىپ قېچىش، ئىززەت-ئابرۇيغا دەخلى-تەرۇز قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جىنايەتلەرگە بېرىلىدىغان 4 خىل جازا بار. مۇسۇلمان ھاكىم (شۇ دەۋردىكى خەلىپە) ئەھۋالغا قاراپ، 4 جازانىڭ بىرىنى تاللاپ ئىجرا قىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ئادەم ئۆلتۈرگەن، بۇلاڭچىلىق قىلغان، تېرورچىلىق قىلغان بولسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە دارغا ئېسىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار پەقەت ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلمىغان بولسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆلتۈرۈپ، مېلىنى ئېلىۋالغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتى ياكى ئوڭ پۇتى بىلەن سول قولى كېسىلىدۇ. كىمكى نە ئادەم ئۆلتۈرمىگەن نە مال بۇلىمىغان بولسا، پەقەت تېرورچىلىق بىلەن كىشىلەرنى قورقۇتقان بولسا، ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتقا پالىنىدۇ. ئەمما ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ قانداق جازا بېرىشنى تاللاش ھوقۇقى بار دېگەن يۇقىرىدىكى قاراش توغرىدۇر.» (فەتھۇلقەدىر)

إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِن قَبۡلِ أَن تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهِمۡۖ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ
غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٤﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱبۡتَغُوٓاْ إِلَيۡهِ
ٱلۡوَسِيلَةَ وَجَٰهِدُواْ فِي سَبِيلِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿٣٥﴾

***پەقەت سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا①، بىلىڭلاركى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [34]. ئى ئىمان ئېيتقانلار!***

***مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، (تائەت - ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش ئارقىلىق) ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدەڭلار②، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار [35].***

① يەنى ئەگەر ئۇلار قولغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىپ، ئىسلام ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلسا، كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، جازاغا تارتىلمايدۇ. لېكىن بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار، ئادەم ئۆلتۈرگەن، بۇلاڭچىلىق قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق جىنايەتلىرى كەچۈرۈم قىلىنامدۇ ياكى قىساس ئېلىنامدۇ؟ بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ جىنايەتلەر كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، بەلكى قىساس ئېلىنىدۇ. ئىمام شەۋكانى ۋە ئىبنى كەسىرنىڭ قارىشىچە، ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا مۇتلەق كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئەمما قولغا چۈشكەندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، جىنايىتى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، ئۇلار جازاغا لايىق بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② ﴿وَسِيْلَةَ﴾نىڭ مەنىسى مەلۇم مەقسەتكە يېتىش ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ۋاستىسى ۋە يولى دېمەكتۇر. ﴿(تائەت ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش ئارقىلىق) ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدەڭلار﴾ دېگەنىنىڭ مەنىسى ياخشى ئەمەللەرنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشقا ۋە رىزالىقىغا ئېرىشىشكە ۋاستە قىلىڭلار، دېمەكتۇر. يەنى سىلەرنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە رىزالىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىن بولۇڭلار.

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «﴿ وَسِيْلَةَ﴾ دېمەك يېقىنچىلىق دېمەكتۇر. بۇ سۆز تەقۋالىق ۋە باشقا ئېسىل خىسلەتلەر بىلەن بىر مەنىدە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بەندىلەر رەببىگە يېقىنچىلىق ھاسىل قىلىدۇ». شۇنىڭدەك چەكلەنگەن ۋە ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىقمۇ ئاللاھقا يېقىنلىشىش ھاسىل بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چەكلەنگەن ۋە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىشمۇ ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. لېكىن جاھىل ئادەملەر بۇ ھەقىقىي ۋاستىنى تاشلاپ قويۇپ، قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن ئۆلۈكلەرنى ئاللاھقا يېقىنلىشىشقا ۋاستە قىلىۋالىدۇ، ھالبۇكى، بۇنىڭغا

شەرىئەتتە ھېچقانداق دەلىل يوقتۇر.

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرىلىدىغان جەننەتتىكى ئۇلۇغ ماقامىنى «الْوَسِيْلَةَ» دەپ ئاتالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلىغاندا: «اللَّهُمَّ ربَّ هذه الدعوةِ التامَّةِ، والصَّلاةِ القائمةِ، آتِ محمدًا الوسيلةَ والفضيلةَ، وابعثْه مقامًا محمودًا الذي وَعَدْتَهُ «ئى مۇشۇ مۇكەممەل چاقىرىق ئوقۇلۇۋاتقان نامازنىڭ پەرۋەردىگارى! مۇھەممەدكە ۋەسىلە (جەننەتتىكى ئالىي مەرتىۋە)نى ۋە ھەممىدىن ئارتۇق دەرىجىنى بەرگىن. ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان ئىسىل ئورۇندا يەتكۈزگىن، دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنى شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 614-ھەدىس) بۇ دۇئانى ئەزاندىن كېيىن ئوقۇش مۇستەھەبتۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ أَنَّ لَهُم مَّا فِي ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا وَمِثْلَهُۥ مَعَهُۥ لِيَفْتَدُواْ بِهِۦ مِنْ عَذَابِ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ مَا تُقُبِّلَ مِنْهُمْۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٣٦﴾ يُرِيدُونَ أَن يَخْرُجُواْ مِنَ ٱلنَّارِ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنْهَاۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٣٧﴾ وَٱلسَّارِقُ وَٱلسَّارِقَةُ فَٱقْطَعُوٓاْ أَيْدِيَهُمَا جَزَآءَۢ بِمَا كَسَبَا نَكَٰلًا مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٣٨﴾ فَمَن تَابَ مِنۢ بَعْدِ ظُلْمِهِۦ وَأَصْلَحَ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَتُوبُ عَلَيْهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣٩﴾

***كاپىر بولغانلار زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرگە، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەرگە ئىگە بولغان ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن (بۇ فىدىيە) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار① [36]. ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇ-يۇ، ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلارغا (ئۇزۇلۇپ قالمايدىغان) دائىملىق ئازاب بار② [37]. ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت***

***قىلىش يۈزىسىدىن قولىرىنى كېسىڭلار③، ئاللاھ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [38]. كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتسە (يەنى ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ④، چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [39].***

① ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «دوزاختىكى بىر كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭدىن: ‹ئى ئادەم بالىسى! سەن ياتىدىغان جاي قانداقراق ئىكەن؟› دەپ سورۇلىدۇ. ئۇ: ‹ئەڭ يامان جاي ئىكەن› دەيدۇ. ئۇنىڭدىن: ‹زېمىنغا پاتقۇدەك ئالتۇن تۆلەپ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى خالامسەن؟› دەپ سورالغاندا، ئۇ: ‹ماقۇل ئى رەببىم› دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ‹يالغان ئېيتتىڭ، مەن سەندىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاز نەرسىنى تەلەپ قىلسام، قىلمىدىڭ› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە دوزاختا تاشلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 6557-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2805-ھەدىس)

② بۇ ئايەت كاپىرلارغا قارىتىلغاندۇر. چۈنكى مۇئمىنلەر گۇناھلىرىغا لايىق جازالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرى جەھەننەمدىن چىقىرىلىدۇ. بۇ نۇقتا ھەدىسلەردە ئېنىق بايان قىلىنغان.

③ بەزى زاھىرىيە پىرقىدىكى فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئوغرىغا بېرىلىدىغان بۇ جازا ئومۇمىي بولۇپ، ئاز نەرسە ئوغۇرلىسۇن ياكى كۆپ نەرسە ئوغۇرلىسۇن، شۇنىڭدەك يوشۇرۇپ قويغان (بىخەتەر) جايدىن ئوغۇرلىغان بولسۇن ياكى ئوچۇق قويۇلغان جايدىن ئوغۇرلىغان بولسۇن، ھەممىسىدە ئوخشاشلا قول كېسىلىدۇ. ئەمما باشقا فىقھشۇناسلار مال ئىگىسىنىڭ مېلىنى ئاسانلىقچە ئوغۇرلىيالمايدىغان جايغا قويغانلىقى ياكى ئوچۇق تاشلاپ قويغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ مىقدارىنى نەزەردە تۇتۇپ جازا بەلگىلەيدۇ. ئۆلىمالار ئارىسىدا قول كېسىشكە لايىق بولىدىغان مىقدارنى بەلگىلەشتە ئىختىلاپ مەۋجۇت. ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك ياكى ئۇنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغان بىر نەرسە ئوغۇرلىغان ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ،

ئۇنىڭدىن ئاز نەرسە ئوغۇرلىغانغا قول كېسىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئوغرىنىڭ قولى بېغىشىدىن كېسىلىدۇ، بەزىلەر دەۋا قىلغاندەك جەينىكى ياكى دولىسىدىن كېسىلمەيدۇ. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن ھەدىس، فىقھى ۋە تەپسىر كىتابلىرىغا قارالسۇن)

④ بۇ يەردىكى تەۋبىدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنغان تەۋبە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى تەۋبە قىلىش بىلەن ئوغرىلىق ياكى قايسىبىر جازا كېلىدىغان جىنايەت كەچۈرۈم قىلىنىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. شەرىئەتتە جازا كېلىدىغان جىنايەت تەۋبە بىلەن كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ.

أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ
وَيَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٤٠﴾ ۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ لَا
يَحْزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْكُفْرِ مِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا
بِأَفْوَٰهِهِمْ وَلَمْ تُؤْمِن قُلُوبُهُمْ ۛ وَمِنَ ٱلَّذِينَ هَادُوا۟ ۛ سَمَّٰعُونَ لِلْكَذِبِ
سَمَّٰعُونَ لِقَوْمٍ ءَاخَرِينَ لَمْ يَأْتُوكَ ۖ يُحَرِّفُونَ ٱلْكَلِمَ مِنۢ بَعْدِ
مَوَاضِعِهِۦ ۖ يَقُولُونَ إِنْ أُوتِيتُمْ هَٰذَا فَخُذُوهُ وَإِن لَّمْ تُؤْتَوْهُ فَٱحْذَرُوا۟ ۚ
وَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ فِتْنَتَهُۥ فَلَن تَمْلِكَ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
لَمْ يُرِدِ ٱللَّهُ أَن يُطَهِّرَ قُلُوبَهُمْ ۚ لَهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا خِزْىٌ ۖ وَلَهُمْ فِى ٱلْءَاخِرَةِ
عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٤١﴾

***بىلەمسەنكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. [40] ئى پەيغەمبەر! دىللىرىدا ئىشەنمەي تۇرۇپ، ئېغىزلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويىدىغان (مۇناپىق)لار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىن (پۇرسەت تاپسىلا) كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتىدىغانلار سېنى غەمكىن قىلمىسۇن①، ئۇلار ھەمىشە يالغانغا بەك قۇلاق سالىدۇ، (ئۆچلۈك قىلىپ) سېنىڭ سۆھبىتىڭگە ھازىر بولمىغان باشقا بىر***

*قەۋمنىڭ سۆزىگىمۇ (يەنى خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ سۆزىگىمۇ) بەك قۇلاق سالىدۇ (ياكى قۇلاق بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇن تىڭتىڭچىلىق قىلىدۇ)، ئۇلار (تەۋراتتىكى) سۆزلەرنى ئەسلىي مەنىسىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى باشقا ئەھكاملارغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ). ئۇلار: «ئەگەر سىلەرگە بۇ (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر باشقا (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار» دەيدۇ، ئاللاھ بىركىمنى ئازدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، سەن ئاللاھتىن (كەلگەن ئازغۇنلۇقنى) ئۇنىڭدىن توسۇپ قالالمايسەن. (قىلمىشلىرى قەبىھ بولغانلىقتىن) ئاللاھ دىللىرىنى (كۇفرىدىن) پاك قىلىشنى خالىمىغان كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر، ئۇلارغا دۇنيادا رەسۋالىق، ئاخىرەتتە چوڭ ئازاب بار② [41].*

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار ۋە كاپىرلارنىڭ ئىمان كەلتۈرمىگەنلىكى ۋە ھىدايەت يولىنى تاللىمىغانلىقىدىن غەمكىن بولۇپ، كۆڭلى يېرىم بولاتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسەللىي تېپىشى، ئىمان ئېيتمىغانلار توغرىسىدا سوراققا تارتىلمايدىغانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە غەم قىلماسلىق ھەققىدە يوليورۇق بېرىۋاتىدۇ.

② 41 دىن 44 غىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە ئىككى ۋەقە بار: بىرىنچىسى، توي قىلغان تۇرۇپ، زىنا قىلغان ئىككى يەھۇدىي (ئەر ۋە ئايال)نىڭ ۋەقەسىدۇر. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابى تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ تۇراتتى، يەنە تېخى ئۇلار تەۋراتتىكى كۆپ ئەھكاملارغا ئەمەلمۇ قىلمايتتى، ئۇلار ئەمەل قىلمايدىغان ئەھكاملاردىن بىرى ئەرلىك ئايال بىلەن خوتۇنلۇق ئەر زىنا قىلسا، چالما-كېسەك قىلىش جازاسى ئىدى، (بۇ ھۆكۈم ھازىرمۇ بار (لېكىن ئۇلار بۇ جازادىن قاچماقچى بولۇپ، ئۆزئارا پۈتۈشۈپ، «بىز مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھۆكۈم قىلدۇرايلى، ئەگەر ئۇ بىز تۈزگەن ئۇسۇل بويىچە دەررە ئۇرۇشقا ۋە يۈزىگە قارا سۈركەشكە ھۆكۈم قىلسا، ماقۇل دەيلى، ناۋادا ئۇ چالما-كېسەك قىلىشقا ھۆكۈم قىلىپ قالسا، ئۇنىمايلى» دېيىشتى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «زىنا قىلغۇچىلارغا تەۋراتتا قانداق ھۆكۈم بار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئۇلارغا دەررە ئۇرۇش ۋە رەسۋا قىلىش بار» دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يالغان ئېيتتىڭلار، تەۋراتتا ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلىش ھۆكمى بار. تەۋراتنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئاچتى. ئۇلاردىن بىرى قولىنى چالما-كېسەك قىلىش ئايىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدى كەينىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «قولۇڭنى كۆتەر» دېدى. ئۇ قولىنى كۆتەرگەندە دەل شۇ جايدىن چالما-كېسەك قىلىش توغرىسىدىكى ئايەت كۆرۈندى. ئۇلار: «ئى مۇھەممەد! ئابدۇللاھ راست ئېيتتى، تەۋراتتا چالما-كېسەك قىلىش ئايىتى بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىنا قىلغان ئىككى يەھۇدىينى چالما-كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇيرۇق دەرھال ئىجرا قىلىندى. (سەھىھۇل بۇخارى **6841**-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم **1699**-ھەدىس ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ مەۋجۇت) شۇ چاغدا بۇ ئايەتلەر چۈشتى.

بۇ ھەقتىكى ئىككىنچى ۋەقە قىساس ۋە دىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن يەھۇدىيلارنىڭ بەنى نەزىر قەبىلىسى ئۆزلىرىنى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىن ئۈستۈن، كۈچلۈك ھەم ئىمتىيازلىق ھېسابلايتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلار ئۆز قەبىلىسىنىڭ بىر ئادىمى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ دىيىتى ئۈچۈن 50 تۆگە ئاشلىق تۆلەيدۇ؛ بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ بىر ئادىمى بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ دىيىتى ئۈچۈن 100 تۆگە ئاشلىق تۆلەيدۇ دەپ بەلگىلىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى غەيرەتكە كېلىپ، دىيەت ئۈچۈن 100 تۆگە ئاشلىق تۆلەيدىغان بەلگىلىمىگە رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئىككى قەبىلىنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىغىلى تاس قالدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاقىل كىشىلەر بۇ مەسىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈم قىلدۇرماقچى بولۇپ كېلىشتى. شۇ چاغدا بۇ ئايەتلەر چۈشتى، ئۇ ئايەتلەر ئىچىدىكى بىر ھۆكۈمدە قىساسنىڭ بىرگە-بىر باراۋەرلىك ئاساسىدا بولىدىغانلىقى تەكىتلەندى. (بۇ رىۋايەت

مۇسنەد ئىمام ئەھمەدتە كەلگەن، ئۇنى شەيخ ئەھمەد شاكىر سەھىھ ھەدىس دەپ كۆرسەتكەن 1-توم، 246-بەت، 2212-ھەدىس) ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بەلكىم بۇ ئىككى ۋەقە بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋە بۇ ئايەتلەر شۇ ئىككى ۋەقە ھەققىدە نازىل بولغان بولۇشى مۇمكىن.» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

سَمَّٰعُونَ لِلۡكَذِبِ أَكَّٰلُونَ لِلسُّحۡتِۚ فَإِن جَآءُوكَ فَٱحۡكُم بَيۡنَهُمۡ
أَوۡ أَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡۖ وَإِن تُعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ فَلَن يَضُرُّوكَ شَيۡـٔٗاۖ وَإِنۡ
حَكَمۡتَ فَٱحۡكُم بَيۡنَهُم بِٱلۡقِسۡطِۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُقۡسِطِينَ ﴿٤٢﴾
وَكَيۡفَ يُحَكِّمُونَكَ وَعِندَهُمُ ٱلتَّوۡرَىٰةُ فِيهَا حُكۡمُ ٱللَّهِ ثُمَّ يَتَوَلَّوۡنَ
مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۚ وَمَآ أُوْلَٰٓئِكَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٣﴾

*ئۇلار يالغانغا بەك قۇلاق سالغۇچىلاردۇر①، (پارا ۋە جازانىغا ئوخشاش) ھارامنى بەك يېگۈچىلەردۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭمۇ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭمۇ بولىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ)؛ ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ (چۈنكى ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلماقچى بولساڭ، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، چۈنكى ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ [42]. (ئەجەبكى) ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا (يەنى تەۋراتتىكى ھۆكۈملەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايۋاتسا)، (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار قانداقلارچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟ ئاندىن (سەن ھۆكۈم چىقىرىپ ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن) كېيىن (سېنىڭ ھۆكمىڭدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئەنە شۇلار (تەۋراتقىمۇ، ساڭىمۇ) ئىشەنمەيدىغانلاردۇر [43].*

① ﴿ سَمَّٰعُونَ ﴾ «يالغانغا كۆپ قۇلاق سالغۇچىلار»نىڭ مۇنداق ئىككى خىل مەنىسى بار: بىرى، جاسۇسلۇق قىلىش ئۈچۈن كۆپ گەپ-سۆزلەرگە قۇلاق سالغۇچىلار. يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ يالغان سۆزلىرىگە قوبۇل قىلىش نىيىتى بىلەن قۇلاق سالغۇچىلار. بەزى مۇپەسسىرلەر ئاۋالقى مەنىنى ئالغان، بەزىلىرى ئىككىنچى مەنىنى ئالغان.

إِنَّآ أَنزَلۡنَا ٱلتَّوۡرَىٰةَ فِيهَا هُدٗى وَنُورٞۚ يَحۡكُمُ بِهَا ٱلنَّبِيُّونَ ٱلَّذِينَ أَسۡلَمُواْ لِلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلرَّبَّٰنِيُّونَ وَٱلۡأَحۡبَارُ بِمَا ٱسۡتُحۡفِظُواْ مِن كِتَٰبِ ٱللَّهِ وَكَانُواْ عَلَيۡهِ شُهَدَآءَۚ فَلَا تَخۡشَوُاْ ٱلنَّاسَ وَٱخۡشَوۡنِ وَلَا تَشۡتَرُواْ بِـَٔايَٰتِي ثَمَنٗا قَلِيلٗاۚ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٤٤﴾

*شەكسىزكى، بىز (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى (مۇساغا) نازىل قىلدۇق، (ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر① يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان② ئاللاھنىڭ كىتابى (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى، ئۇلار ئۇنى (ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى (ھەم گۇۋاھچى) ئىدى③. شۇڭا (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى (ئۆزگەرتىپ) ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋەتمەڭلار④ (يەنى پۇل - مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر⑤ [44].*

① ﴿ الَّذِينَ اَسْلَمُوا ﴾ «بويسۇنغان» دېگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە بويسۇنغۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇلارمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىغا ئەگىشەتتى، دېمەك بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئەزەلدىنلا بىر ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق چاقىرىقى ئەزەلدىن بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك ئىدى. شۇڭا ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنى مۇشۇ تەۋھىدكە چاقىرغان: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: ‹مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار› دەپ ۋەھيي قىلدۇق﴾. (سۈرە ئەنبىيا 25-ئايەت) مانا بۇ تەۋھىد قۇرئان كەرىمدە دىن دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، سۈرە شۇرانىڭ 13-ئايىتىدە: ﴿ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى دىن قىلىپ بەلگىلىدى﴾ يەنى بىز ساڭا سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن دىنىنىڭ دەل ئۆزىنى دىن قىلىپ بەلگىلىدۇق.

② يەنى يەھۇدىيلار ئىچىدىكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەيدىغان زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرى تەۋراتقا ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلار تەۋراتنى ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، تەۋرات ئۇلارغا ئامانەت قىلىنغان ئىدى، گەرچە كېيىنكىلەر ئۇنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ.

③ ﴿وَكَانُوا۟ عَلَيۡهِ شُهَدَآءَ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار تەۋراتنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن كىتاب ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ كەمچىللىك ۋە نۇقساندىن خالىي ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولغۇچى گۇۋاھچىلار ئىدى.

④ يەنى كىشىلەردىن قورقۇپ تەۋراتنىڭ ئەسلىي ئەھكاملىرىنى يوشۇرماڭلار، دۇنيانىڭ ئازغىنە مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۇنى ئۆزگەرتمەڭلار.

⑤ شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئىماننى تەرك ئېتىپ، كۇفرىغا رازى بولىدۇڭلار؟

وَكَتَبۡنَا عَلَيۡهِمۡ فِيهَآ أَنَّ ٱلنَّفۡسَ بِٱلنَّفۡسِ وَٱلۡعَيۡنَ بِٱلۡعَيۡنِ وَٱلۡأَنفَ

بِٱلۡأَنفِ وَٱلۡأُذُنَ بِٱلۡأُذُنِ وَٱلسِّنَّ بِٱلسِّنِّ وَٱلۡجُرُوحَ قِصَاصٞۚ فَمَن تَصَدَّقَ بِهِۦ فَهُوَ كَفَّارَةٞ لَّهُۥۚ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٥﴾

***ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى)غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان بىلەن (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز بىلەن (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قويۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن بىلەن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق بىلەن (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش بىلەن (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ①، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا)، بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى)غا كاپارەت بولىدۇ، كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملاردۇر② [45].***

① تەۋراتتا جانغا جان ئېلىش، يارىلاندۇرغاننى يارىلاندۇرۇپ قىساس ئېلىشقا بۇيرۇلغان تۇرسا، يەھۇدىيلارنىڭ بەنۇ نەزىر قەبىلىسى بەنۇ قۇرەيزە قەبىلىسىگە ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلە قىلىشقا ۋە ئۆز قەبىلىسى تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى باشقا قەبىلىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بەلگىلەشكە نېمە ھەققى بار؟ بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

② بۇ مەزكۇر قارارنى چىقارغان قەبىلىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈمگە خىلاپ ئىدى، شۇڭا ئۇلار زۇلۇم قىلغان بولىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسان ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقا، ئۇنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ھۆكۈم چىقىرىشقا، ھاياتنىڭ ھەممە ئىشلىرىدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا زالىم، پاسىق، كاپىر دەپ قارىلىدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا ئۈچ خىل

سۈپەت بىلەن ئاتاپ، ئۆزىنىڭ غەزىپى ۋە نارازىلىقىنى تولۇق ئىزھار قىلدى. شۇنداق تۇرسىمۇ يەنە ئىنسان ئۆزى تۈزۈۋالغان قانۇن ۋە خاھىشلارنى ئەلا بىلسە، بۇنىڭدىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولامدۇ؟

ئەسكەرتىش: شەرىئەت قانۇنشۇناسلىرى مۇنداق يازغان: ئەگەر ئاللاھ ئىلگىرىكى شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان بولسا، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىز لازىم بولىدۇ. بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇمۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرىدۇر. بۇ نۇقتىنى ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن «جانغا جان بىلەن» دېگەن ئومۇمىي ھۆكۈمدىن ئىككى خىل ئەھۋال مۇستەسنا بولىدۇ: ئەگەر بىر مۇسۇلمان بىر كاپىرنى ئۆلتۈرسە، قىساستا كاپىرنىڭ بەدىلىگە مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلمەيدۇ؛ شۇنىڭدەك قۇلنىڭ بەدىلىگە ھۆر ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. (تەپسىلاتى فەتھۇلبارى **6878**-ھەدىس ۋە نەيلۇلئەۋتار قاتارلىق كىتابلاردا تېپىلىدۇ)

وَقَفَّيْنَا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم بِعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ ۖ وَءَاتَيْنَٰهُ ٱلْإِنجِيلَ فِيهِ هُدًى وَنُورٌ وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٤٦﴾ وَلْيَحْكُمْ أَهْلُ ٱلْإِنجِيلِ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فِيهِ ۚ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٤٧﴾

***ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) تەستىقلىغۇچى قىلىپ① مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى تەستىقلايدىغان (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بولغان)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند - نەسىھەت بولغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق② [46]. ئىنجىل ئەھلى (يەنى ناسارالار) ئاللاھ ئىنجىلدا نازىل***

*قىلغـان ئەھكامـلار بويىچـە ھۆكـۈم قىلسـۇن③، كىمكـى ئاللاھ نازىـل قىلغـان ئايەتلـەر بويىچـە ھۆكـۈم قىلمايدىكـەن، ئەنـە شـۇلار پاسـىقلار (يەنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلار) دۇر [47].*

① يەنـى ئىلگىرىكـى پەيغەمبەرلەردىـن كېيىنـلا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتـۇق. ئـۇ ئۆزىدىــن ئىلگىــرى چۈشــۈرۈلگەن كىتــاب تەۋراتنــى ئىنــكار قىلغۇچـى ئەمــەس، بەلكـى ئۇنـى تەسـتىق قىلغۇچـى، ئېتىــراپ قىلغۇچـى ئىـدى. بـۇ ئىيسـا ئەلەيھىسسـالامنىڭ راسـت پەيغەمبـەر ئىكەنلىكىنىـڭ ۋە مۇسـا ئەلەيھىسـسالامغا تەۋراتنــى چۈشــۈرگەن ئاللاھنىــڭ ئەلچىسـى ئىكەنلىكىنىـڭ ئىسـپاتى ئىـدى. شـۇنداق تۇرسـىمۇ، يەھۇدىيـلار ئىيسـا ئەلەيھىسسـالامنى يالغانچىغـا چىقاردى، ھەتتـا ئۇنـى كەمسـىتتى، ئۇنىڭغـا تۆھمەت چاپلاپ، كاپىرغا چىقاردى.

② يەنـى ئـۆز ۋاقتىـدا تـەۋرات كىشـلەرنى ھىدايەتكە باشـلايدىغان ۋاسـىتە بولغانـدەك، ئىنجىـل چۈشـۈرۈلگەندىن كېيىـن، تەۋراتنىـڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، يەنــى ئىنجىــل ھىدايەتكــە باشــلايدىغان ۋاســىتە بولــدى، قۇرئــان كەرىــم چۈشـۈرۈلگەندىن كېيىــن تــەۋرات، ئىنجىــل ۋە باشــقا ساماۋى ســەھىپىلەر ئەمەلدىــن قالــدى. ئەمــدى ھىدايــەت ۋە نىجاتلىققا باشـلايدىغان بىردىنبىــر ۋاسـىتە قۇرئـان كەرىـم قالـدى. ئاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىـم بىلـەن ئاسماندىن كىتــاب چۈشۈرۈشــنى توختاتتــى. بــۇ شــۇنى ئۇقتۇرىدۇكــى، قىيامەتكىچــە دۇنياغـا كېلىدىغـان ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە مۇۋەپپەقىيتى مۇشـۇ قۇرئـان كەرىـم بىلـەن مۇناسـىۋەتلىك يەنـى بەخت-سائادەت قۇرئـان كەرىمگـە ئەگىشىشـكە باغلىقتـۇر. كىمكـى ئۇنىڭغـا ئېرىشـىپ، يوليورۇقلىرىغـا ئەمـەل قىلسـا، ئەزىـز بولـىدۇ. كىمكـى ئۇنىڭغـا ئەمـەل قىلمـاي، ئۇنىڭدىـن ئالاقىنى ئۈزسـە، ئۇنىـڭ قىسـمىتى مەغلۇبىيـەت ۋە بەختسـىزلىك بولـىدۇ. بۇنىڭدىـن مەلـۇم بولىدۇكـى، «دىنـلار بىرلىكـى» دېگـەن سەپسـەتە پۈتۈنلـەي خاتـادۇر. چۈنكـى ھـەر دەۋردە ھەقىقـەت پەقـەت بىـر بولغـان، بىـر نەچچـە بولغـان ئەمـەس، ھەقتـىن باشـقا ھـەر قانـداق نەرسـە باتىلـدۇر. تـەۋرات ئـۆز دەۋرىـدە ھـەق ئىدى، ئىنجىـل چۈشـكەندىن كېيىـن تەۋراتقـا ئەمـەل قىلىـش جايىـز ئەمـەس ئىـدى. قۇرئـان كەرىـم چۈشـكەندىن كېيىـن ئىنجىـل ئەمەلدىـن قالـدى، ئۇنىڭغـا ئەمـەل قىلىـش جايىـز ئەمـەس بولـدى. ئەمـدى قۇرئـان كەرىملا نىجاتلىققـا ئېرىشـىش ئۈچـۈن ئەمـەل قىلىنىدىغـان بىردىنبىـر نىـزام بولـۇپ قالـدى. ئۇنىڭغـا ئىمـان كەلتۈرمەسـتىن (يەنـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ

پەيغەمبەرلىكنى ئېتىراپ قىلماستىن) نىجات تېپىش مۇمكىن ئەمەس. (تەپسىلى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن سۈرە بەقەرەنىڭ 62-ئايىتىگە قارالسۇن)

③ ئىنجىل ئەھلىگە بېرىلگەن بۇ بۇيرۇق ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋرىگە خاس ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋرى ئاياغلاشقان بولدى. ئىنجىلغا ئەگىشىشمۇ ئەمەلدىن قالدى. ئەمدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، قۇرئانغا ئەگەشكەنلەرلا مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ.

وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَـٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَـٰبِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ ۖ فَٱحْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ ۖ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ عَمَّا جَآءَكَ مِنَ ٱلْحَقِّ ۚ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَلَـٰكِن لِّيَبْلُوَكُمْ فِى مَآ ءَاتَىٰكُمْ ۖ فَٱسْتَبِقُوا۟ ٱلْخَيْرَٰتِ ۚ إِلَى ٱللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿٤٨﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى قىلىپ نازىل قىلدۇق①. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن②، ساڭا كەلگەن ھەقتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن③. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەردىن ھەربىر ئۈممەتكە بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوپئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق④. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن، ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن (يول ۋە شەرىئەتلەر) بىلەن سىلەرنى سىناش ئۈچۈن⑤ (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ***

***قىلىشقان نەرسىلەر (نىڭ قايسىسىنىڭ ھەق، قايسىسىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى) توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ [48].***

① ھەربىر ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن كىتاب ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن. قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى بارلىق كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر. ئېتىراپ قىلىش دېمەك بۇ كىتابلارنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغانلىقىنى تەستىقلاش دېمەكتۇر. ئەمما قۇرئان كەرىم ئۇلارنى ئېتىراپ ئېتىراپ قىلغۇچى بولۇپلا قالماستىن يەنە مۇھاپىزەتچى (يەنى ئىلگىرىكى ھەممە كىتابلارنىڭ ئىشەنچلىك كۆزەتچىسى، ھاكىمى، ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ۋە ئۇلارغا ھۆكۈم قىلغۇچى) دۇر. يەنى ئىلگىرىكى كىتابلار ئۆزگەرتىلگەن ھەم بۇرمىلانغان بولغاچقا، قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ توغرا-خاتاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. دېمەك ئۇ كىتابلاردىكى ئەھكاملاردىن قۇرئان كەرىم توغرا دەپ ھۆكۈم قىلغانلىرى توغرا، قالغانلىرى باتىلدۇر.

② بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى 42-ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاللاش ئىختىيارى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا خالىساڭ، ھۆكۈم قىلغىن، خالىمىساڭ ھۆكۈم قىلما، ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى دېگەن ئىدى. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەردىمۇ قۇرئان كەرىم بويىچە ھۆكۈم قىلغىن دەپ بۇيرۇق بېرىلىۋاتىدۇ.

③ بۇ يەردە ئەسلىدە ئۈممەتكە تەلىم بېرىلىۋاتىدۇكى، ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابتىن بۇرۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ خاھىشى، ئاساسسىز پىكرى ياكى گۇمانىي قاراش ۋە يالغان دەۋالىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىش گۇمراھلىقتۇر. بۇنداق قىلىشقا پەيغەمبەرگە رۇخسەت بېرىلمىگەن تۇرسا، باشقىلارغا قانداقمۇ رۇخسەت بېرىلسۇن؟

④ بۇنىڭدا بىر قىسىم تارماق ئەھكاملىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئىلگىرىكى شەرىئەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر شەرىئەتتە بەزى نەرسىلەر ھارام بولسا، يەنە بىرىدە ھالال ئىدى. بەزىسىدە بىر مەسىلە چىڭ تۇتۇلغان بولسا، بەزىسىدە يەڭگىللىتىلگەن ئىدى. ئەمما ھەممىسىنىڭ دىنى بىر ئىدى، يەنى تەۋھىد ئۇستىگە قۇرۇلغان ئىدى. دېمەك تەۋھىد جەھەتتىن ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى بىر ئىدى. بۇ

نۇقتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى ئاتا بىر ئانا باشقا بىر تۇغقانلارمىز، دىنىمىز بىردۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى 3443-ھەدىس) دېمەك، ئۇلارنىڭ دىنى بىر ئىدى، شەرىئەتلىرى (دەستۇر ۋە تۇتقان يوللىرى) ھەر خىل ئىدى، لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى كەلگەندىن كېيىن بارلىق شەرىئەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەمدى دىنمۇ بىر، شەرىئەتمۇ بىر بولدى.

⑤ يەنى گەرچە قۇرئان نازىل بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن باشقا نىجاتلىق يولى بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىمىدى. ئەگەر ئۇ خالىسا، شۇنداق قىلىشقا قادىر ئىدى. بىراق مەجبۇرلاش بىلەن ئىنسانلارنى سىناش مۇمكىن بولمايتتى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ مەقستى ئىنسانلارنى سىناش ئىدى.

وَأَنِ ٱحْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ وَٱحْذَرْهُمْ أَن
يَفْتِنُوكَ عَنۢ بَعْضِ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ إِلَيْكَ ۖ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَٱعْلَمْ أَنَّمَا
يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُصِيبَهُم بِبَعْضِ ذُنُوبِهِمْ ۗ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِ
لَفَٰسِقُونَ ﴿٤٩﴾ أَفَحُكْمَ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ يَبْغُونَ ۚ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ
حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿٥٠﴾ ۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَتَّخِذُوا۟
ٱلْيَهُودَ وَٱلنَّصَٰرَىٰٓ أَوْلِيَآءَ ۘ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم
مِّنكُمْ فَإِنَّهُۥ مِنْهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥١﴾

***ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان كىتاب (قۇرئان) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان (قۇرئان)نىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرۈشىدىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئەگەر ئۇلار (ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە، بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى خالايدۇ. شەكسىزكى، كىشىلەردىن***

***نۇرغۇنى پاسىقلاردۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر) [49]. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟① (ھەقىقەتكە جەزم قىلىپ ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادالەتلىك كىم بار؟② [50]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىيلارنى ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار③. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ دوستىدۇر④. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ⑤ [51].***

① ئەمدى قۇرئان ۋە ئىسلامدىن باشقا ھەر قانداق تۈزۈم جاھىلىيەت خۇراپاتىدۇر. ئۇلار ھېلھەم ئىسلامدىن ئىبارەت بۈيۈك ھىدايەت نۇرىنى تاشلاپ قويۇپ، جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇقىدىن يول ئىزدەمدۇ؟ بۇ يەردىكى سوئال جۈملە ئىنكار قىلىش، ئەيىبلەش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان مەزكۇر ھۆكۈمدىن يۈز ئۆرۈپ، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ تۈزۈملىرىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (فەتھۇلقەدىر)

② پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئۈچ ئادەم بار، ھەرەمدە دىنسىزلىقنى تەرغىب قىلغۇچى، ئىسلامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ جاھىلىيەت يولنى ئىزدىگۈچى، ناھەق قان تۆكمەكچى بولغان كىشى». (سەھىھۇل بۇخارى 6882-ھەدىس)

③ ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى بولغان خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىيلارنى دوست تۇتۇشتىن توستى. ئاندىن ئۇلارنى دوست تۇتقانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇلارنى دوست تۇتقانلارمۇ، شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدىغانلىقنى بىلدۈردى. (تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن سۈرە ئال ئىمران 28-ۋە 118-ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

④ قۇرئان بايان قىلغان بۇ ھەقىقەتنى ھەممە ئادەم رېئاللىقتىن كۆرەلەيدۇ. رېئاللىق شۇكى، يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار ئوتتۇرىسىدا ئېتىقاد جەھەتتىن قاتتىق ئىختىلاپ مەۋجۇتتۇر. ئەمما شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشتا بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ ۋە بىر-بىرىنى ھىمايە قىلىدۇ.

⑤ بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت بار. ئۇبادە ئىبنى سامىت ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىككىسى جاھىلىيەت دەۋرىدىن تارتىپلا يەھۇدىيلار بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى. بەنۇ قەينۇقا يەھۇدىيلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشقاندا، ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقنى بىكار قىلغانلىقى ۋە ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولغانلىقىنى جاكارلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي يەھۇدىيلار تەرەپتە تۇردى. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت چۈشتى. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە رىۋايەت بولسىمۇ، بۇ چەكلىمە ئومۇمىيدۇر.

فَتَرَى ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ يُسَٰرِعُونَ فِيهِمْ يَقُولُونَ نَخْشَىٰٓ أَن
تُصِيبَنَا دَآئِرَةٌۚ فَعَسَى ٱللَّهُ أَن يَأْتِيَ بِٱلْفَتْحِ أَوْ أَمْرٍ مِّنْ عِندِهِۦ
فَيُصْبِحُواْ عَلَىٰ مَآ أَسَرُّواْ فِيٓ أَنفُسِهِمْ نَٰدِمِينَ ﴿٥٢﴾ وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوٓاْ أَهَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ إِنَّهُمْ لَمَعَكُمْۚ
حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ فَأَصْبَحُواْ خَٰسِرِينَ ﴿٥٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِۦ فَسَوْفَ يَأْتِي ٱللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ
وَيُحِبُّونَهُۥٓ أَذِلَّةٍ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ يُجَٰهِدُونَ فِي
سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَآئِمٍۚ ذَٰلِكَ فَضْلُ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن
يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٥٤﴾

***دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنىڭ① «(زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز» دەپ②، ئۇلار (يەنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار) بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىشۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئاللاھ يېقىندا (رەسۇلۇللاھقا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىشنى) ئاتا قىلىدۇ③، ياكى (مۇناپىقلار ھەققىدە) ئۆز تەرىپىدىن بىر ھۆكۈمنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ - دە④، (دىلىدا مۇناپىقلىق***

*كېسەلى بارلار) ئۇلارنى (يەنى مۇئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى) كۆڭلىدە يوشۇرۇن دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن نادامەت چېكىدۇ [52]. بۇ چاغدا (يەنى مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ھىيلە ـ مىكرى پاش قىلىنغاندا) مۇئمىنلەر (بىر ـ بىرىگە): «بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كۈچلۈك قەسەم ئىچكەنلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى [53]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن (يەنى دىنىدىن يېنىۋالىدىكەن)⑤، ئاللاھ (مۇنداقلارنىڭ ئورنىغا) ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان⑥، مۇئمىنلەرگە كەمتەر، كاپىرلارغا قاتتىق قول، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان ⑦بىر قەۋمنى ئۇزاققا قالماي مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ (سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ئاللاھ ئۇنى خالىغان بەندىسىگە بېرىدۇ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [54].*

① يەنى دىللىرىدا مۇناپىقلىق كېسەلى بار كىشىلەرنىڭ يەھۇدىيلارنى دوست تۇتۇشقا ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرىسەن.

② يەنى ئۇلار: مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولسا، ئۇنىڭ زىيىنى بىزگىمۇ يېتىپ قالىدۇ، ئەگەر يەھۇدىيلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋېتىمىز بولسا، مۇشۇنداق چاغلاردا قاتتىق ئەسقاتىدۇ، دەيدۇ.

③ يەنى پات يېقىندا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

④ يەنى ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۆز تەرىپىدىن نۇسرەت بېرىدۇ، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇرۇشماستىن تەسلىم بولىدۇ، يەھۇدىي ۋە ناسارالار مۇسۇلمانلارغا جىزيە تۆلەيدىغان بولىدۇ. بۇ ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت بەنى قۇرەيزە جەمەتىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەسىر ئېلىنىشى، بەنى نەزىر جەمەتىنىڭ يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىشى قاتارلىقلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ۋەقەلەر ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز بەردى.

⑤ قەتادە (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالىدىغانلارغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ۋەقەنى ئۆزىنىڭ ئالدىن بىلگۈچى سۈپىتى بىلەن بايان قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا يۈز بەردى. ئىسلام دىنىدىن يېنىپ مۇرتەد بولۇشتىن ئىبارەت بۇ پىتنىنى بېسىقتۇرۇش شەرىپى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھ ئەنھۇ ۋە ئۇ ئەۋەتكەن قوشۇنغا نېسىپ بولدى.

⑥ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇرتەدلەرگە قارشى كۆرەش قىلىدىغان قەۋمنىڭ 4 مۇھىم سۈپىتىنى بايان قىلدى: 1. ئاللاھ ئۆزى ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ. 2. مۇئمىنلەرگە كەمتەر، كاپىرلارغا قاتتىق قول. 3. ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. 4. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ھەر قانداق مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ. يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تائەت قىلىشتا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ھەر قانداق تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ. ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مەزكۇر ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە ئىدى، شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىگە ئېرىشتۈردى. دۇنيادىلا ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان شاھادەتنامە ئاتا قىلدى.

⑦ بۇ مەزكۇر مۇئمىنلەرنىڭ تۆتىنچى سۈپىتىدۇر. يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تائەت قىلىشتا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ھەر قانداق تاپا-تەنە ۋە مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ. بۇمۇ ئىنتايىن مۇھىم خىسلەتتۇر. جەمئىيەتتە ئومۇملىشىپ كەتكەن يامان ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، ھەقنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن بۇ سۈپەت بولمىسا بولمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر جەمئىيەتتىكى گۇناھ ئىشلار ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپ ئىجتىمائىي ئەخلاقسىزلىقلاردىن ئۆزلىرىنى پاك ساقلاشنى خالايدۇ-يۇ، بىراق مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ تاپا-تەنىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئىرادىسى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھ-مەئسىيەت رامكىسىدىن چىقالماي قالىدۇ، نەتىجىدە ئۇ ئەخلاقسىزلىقلاردىن ئۆزلىرىنى ساقلاپ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى ئايەتتە مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىق ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنلىك بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ
وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُمۡ رَٰكِعُونَ ﴿٥٥﴾ وَمَن يَتَوَلَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ فَإِنَّ حِزۡبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿٥٦﴾

*شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئاللاھتۇر، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكات بېرىدىغان ۋە (ئاللاھقا كەمتەرلىك بىلەن) بويسۇنىدىغان مۇئمىنلەردۇر① [55]. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، (ئۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنىدىندۇر). ئاللاھنىڭ قوشۇنى② (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر [56].*

① يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتۇش مەنئى قىلىنغان ئىدى. ئەمدى «ئۇنداقتا كىملەرنى دوست تۇتۇش كېرەك؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىلىۋاتىدۇ: مۇئمىنلەر ھەممىدىن بۇرۇن ئاللاھنى، رەسۇلىنى، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنى دوست تۇتۇش كېرەك. تۆۋەندە ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ باشقا سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

② بۇ يەردە ﴿ حِزۡبَ ٱللَّهِ﴾ «ئاللاھنىڭ قوشۇنى»نىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇ جامائەنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىق بېشارىتى سۆزلىنىۋاتىدۇ. «ئاللاھنىڭ قوشۇنى» دېگەن پەقەت ئاللاھنى، رەسۇلىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدۇ؛ كاپىرلار، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ھەر قانچە يېقىن تۇغقان بولسىمۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، دوستمۇ تۇتمايدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا سۈرە مۇجادىلەنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى-ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ-دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)﴾.

ئاندىن ئۇلارغا بېشارەت بېرىلدى: ﴿ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۇز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن

رازى بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾.
(سۈرە مۇجادىلەنىڭ ئاخىرقى ئايىتى)

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَكُمۡ هُزُوٗا وَلَعِبٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ وَٱلۡكُفَّارَ أَوۡلِيَآءَۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ٥٧ وَإِذَا نَادَيۡتُمۡ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ ٱتَّخَذُوهَا هُزُوٗا وَلَعِبٗاۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا يَعۡقِلُونَ ٥٨

***ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر ئىچىدىكى دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇن - تاماشا ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلارنى ۋە كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار①. ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار [57]. سىلەر نامازغا چاقىرغان (يەنى ئەزان ئېيتقان) چېغىڭلاردا، ئۇلار نامازنى (ھەم سىلەرنى) مەسخىرە ۋە ئويۇن - تاماشا ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ②، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (نامازنىڭ ھېكمىتىنى ۋە نامازنىڭ نەپسنى پاكلاشتىكى غايىسىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر [58].***

① «كىتاب بېرىلگەنلەر» دېگەندە يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار، «كاپىرلار» دېگەندە مۇشرىكلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇ نۇقتا تەكىتلەندىكى، دىننى مازاق قىلىپ، كەمسىتكەنلەر ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ دۈشمىنىدۇر، شۇڭا مۇئمىنلەر ئۇلارنى دوست تۇتماسلىقى لازىم.

② ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «شەيتان ئەزاننى ئاڭلىغاندا ئۇنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئاۋازلىق ئۇسۇرغان ھالەتتە تىكىۋېتىدۇ. ئەزان تۈگىگەندە قايتىپ كېلىدۇ. تەكبىر ئوقۇلسا، يەنە قاچىدۇ. تەكبىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، بەندىنىڭ كۆڭلىگە بۇنى ئويلا، بۇنى ئەسلە دەپ ۋەسۋەسە سالىدۇ، ھەتتا ئۇ بەندە قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ. كىمكى شۇنداق ئىشقا دۇچ كەلسە، سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن.» (سەھىھۇل بۇخارى

608-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 389-ھەدىس) ئەزانىنىڭ ئاۋازى شەيتاننىڭ دىلىغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دىللىرىغىمۇ ياقمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەزاننى مەسخىرە قىلىدۇ. بۇ ئايەتتىن ھەدىس شەرىپنىڭمۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش دىننىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھەم دەلىل-ھۆججەتتى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدى. چۈنكى قۇرئان كەرىم نامازغا چاقىرىشنى تىلغا ئالغان بىلەن، بۇ چاقىرىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە چاقىرىق ئىبارىلىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىگەن. بۇ تەپسىلات ھەدىسلەردە كەلگەن. شۇ ۋەجىدىن مەزكۇر تەپسىلات ھەدىس شەرىپنىڭ دىننىڭ مەنبەسى ۋە دەلىل-ھۆججەتتى ئىكەنلىكىگە پاكىتتۇر. ھەدىسنى دىننىڭ دەلىل-ھۆججەتتى دېگەننىڭ مەنىسى دىنىي ئەھكاملار ۋە شەرئىي دەلىللەرنىڭ ئىلمىي مەنبەسى دېمەكتۇر. يەنى قۇرئان كەرىم ئايىتى بىلەن ئىسپاتلانغان ئەھكاملارغا ئىشىنىش پەرز، ئۇلارغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش كۇفرىلىق بولغاندەك، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان ئەھكاملارغا ئىشىنىشمۇ پەرز، ئۇلارغا ئەمەل قىلىشمۇ ۋاجىپ، ئۇلارنى ئىنكار قىلىشمۇ ئوخشاشلا كۇفرىلىقتۇر. شۇنداق ھۆججەت بولۇشىنىڭ شەرتى ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان، رىۋايەت قىلغۇچىلار ئارىلىقتا ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولۇشى (يەنى سەھىھ بولۇشى) كېرەك. سەھىھ ھەدىس-كۆپ ساھابىلەر ئوخشاش شەكىلدە رىۋايەت قىلغان مۇتەۋاتىر دەرىجىدىكى ھەدىس بولسۇن ياكى ئاھاد دەرىجىدىكى ھەدىس بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئىش-ھەرىكىتىدىن ئېلىنغان ھەدىس بولسۇن ياكى مەلۇم ئىشقا سۈكۈت قىلىپ تەستىقلىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھەدىس بولسۇن ھەممىسىگە ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر.

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ هَلْ تَنقِمُونَ مِنَّآ إِلَّآ أَنْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ
أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبْلُ وَأَنَّ أَكْثَرَكُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٥٩﴾ قُلْ هَلْ
أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكَ مَثُوبَةً عِندَ ٱللَّهِ ۚ مَن لَّعَنَهُ ٱللَّهُ وَغَضِبَ
عَلَيْهِ وَجَعَلَ مِنْهُمُ ٱلْقِرَدَةَ وَٱلْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ ٱلطَّٰغُوتَ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ
شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ عَن سَوَآءِ ٱلسَّبِيلِ ﴿٦٠﴾ وَإِذَا جَآءُوكُمْ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا
وَقَد دَّخَلُوا۟ بِٱلْكُفْرِ وَهُمْ قَدْ خَرَجُوا۟ بِهِۦ ۚ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا كَانُوا۟

يَكْتُمُونَ ﴿٦١﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر پەقەت بىزنىڭ ئاللاھقا، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، بۇنىڭدىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ۋە سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار پاسىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈنلا، بىزنى ئەيىبلەمسىلەر؟» [59] ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇنىڭدىنمۇ (يەنى سىلەرنىڭ ئەيىبلىگىنىڭلاردىنمۇ) يامانراق جازاغا ئۇچرايدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار (سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار بولۇپ) ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلغان ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن كىشىلەردۇر. ئۇلار تاغۇتقا چوقۇنغان كىشىلەر بولۇپ، ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ ياماندۇر (يەنى دوزاختۇر)، (ئۇلار) توغرا يولدىن بەكمۇ ئاداشقانلاردۇر»① [60]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلاردىن بولغان مۇناپىقلار) يېنىڭلارغا كەلگەن چاغدا، بىز ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇلار كۇفرى بىلەن كىرگەن ئىدى، يەنە شۇ كۇفرى بىلەن چىقىپ كەتتى (يەنى ئۇلارنىڭ ھالىتى ئۆزگەرمىدى). ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغان نەرسىسىنى (يەنى نىفاقىنى ۋە كۇفرىنى) ئوبدان بىلىدۇ② [61].*

① يەنى (ئى ئەھلى كىتاب!) سىلەر بىزنى نېمىگە ئاساسەن يامان كۆرۈپ، ئەيىبلەيسىلەر؟ بىزنىڭ ئاللاھقا، قۇرئان كەرىمگە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىزدىن باشقا ئەيىبىمىز يوق. بۇنى قانداقمۇ ئەيىب ۋە گۇناھ دېگىلى بولسۇن؟ بۇ سىلەر ئويلىغاندەك ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. بىز چوقۇم سىلەرگە كىمنىڭ يامان كۆرۈلۈشكە ۋە ئەيىبلىنىشكە لايىق ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ ئەڭ يامان ۋە ئەڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىمىز. ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلغان، غەزەپ قىلغان، بەزىلىرىنى توڭگۇزغا ۋە مايمۇنغا ئايلاندۇرىۋەتكەن ۋە ئۇلار تاغۇتقا چوقۇنغان. سىلەر بۇ ئۆتمۈشتىكى قىلمىش-ئەتمىشىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار! بۇ كىملەرنىڭ ئۆتمۈشى؟ بۇ

دەل سىلەرنىڭ ئۆتمۈشۈڭلار ئەمەسمۇ؟

② بۇ يەھۇدىي مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كۇفرى بىلەن كىرىدۇ، يەنە شۇ كۇفرى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتى، ۋەز ـ نەسىھەتلىرى ئۇلارغا تەسىر قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كۇفرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىشتىكى مەقسىتى ھىدايەت تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھىيلە ـ مىكىر قىلىش ۋە ئالداپ قويۇش بولىدۇ. بۇنداق كىرگەنىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟

وَتَرَىٰ كَثِيرًا مِّنْهُمْ يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَأَكْلِهِمُ
ٱلسُّحْتَ ۚ لَبِئْسَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٦٢﴾ لَوْلَا يَنْهَىٰهُمُ ٱلرَّبَّٰنِيُّونَ
وَٱلْأَحْبَارُ عَن قَوْلِهِمُ ٱلْإِثْمَ وَأَكْلِهِمُ ٱلسُّحْتَ ۚ لَبِئْسَ مَا كَانُوا۟
يَصْنَعُونَ ﴿٦٣﴾ وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ يَدُ ٱللَّهِ مَغْلُولَةٌ ۚ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ وَلُعِنُوا۟
بِمَا قَالُوا۟ ۘ بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ يُنفِقُ كَيْفَ يَشَآءُ ۚ وَلَيَزِيدَنَّ
كَثِيرًا مِّنْهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَٰنًا وَكُفْرًا ۚ وَأَلْقَيْنَا
بَيْنَهُمُ ٱلْعَدَٰوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ

***سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ گۇناھتا، زۇلۇم سېلىشتا ۋە ھارام يېيىشتە بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! [62] ئۇلارنىڭ رەببانىي ئالىملىرى (زاھىتلىرى)، ئىلىم ئەھلىلىرى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن، ھارام يېيىشتىن توسمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!① [63] يەھۇدىيلار: «ئاللاھنىڭ قولى باغلاقلىقتۇر (يەنى ئاللاھ بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)»② دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى، ئەكسىچە، ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر (پەزلى ـ كەرەمى كەڭدۇر)، قانداق خالىسا شۇنداق***

***رىزىق بېرىدۇ. (يەھۇدىيلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن) رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان) ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىقنى ۋە كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا دۇشمەنلىكىنى ۋە قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىنى زىيادە قىلىدۇ). بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۇشمەنلىكنى سالدۇق.***

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە رەببانىي ئۆلىمالار، ئابىدلار ۋە زاھىتلارغا كايىدى، كۆپ ساندىكى ئاۋام كۆز ئالدىڭلاردا گۇناھ-مەئسىيەت ۋە ھارام ئىشلارنى قىلىۋاتسا، سىلەر ئۇلارنى توسمايسىلەر، بۇنداق ئەھۋالدا سىلەرنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشۇڭلار ناھايىتى ئېغىر گۇناھتۇر. بۇنىڭدىن ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى، ئۇنى تەرك ئېتىشنىڭ نەقەدەر قاتتىق گۇناھ ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ نۇقتا ھەدىسلەردىمۇ ناھايىتى ئېنىق ۋە كۆپ تىلغا ئېلىنغان.

② بۇ سۈرە ئال ئىمرانىنىڭ **181**-ئايىتىدە بايان قىلىنغان مەزمۇنىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا تەرغىب قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە خۇشاللىق بىلەن قەرز بېرىپ تۇرغانغا ئوخشۇتۇپ ئىپادىلىگەنىدە، يەھۇدىيلار: «ئاللاھ ھەقىقەتەن پېقىر» ئىكەن، ئىنسانلاردىن قەرز سوراۋاتىدۇ، دېگەن ئىدى. ئۇلار بۇ ئايەتتە ئىپادىلەنگەن گۈزەل ئۇسلۇبنى چۈشۈنەلمىدى. يەنى ھەممە نەرسىنى ئىنسانلارغا ئاللاھ بەرگەن. ئاللاھ بەرگەن مال-دۇنيانىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش ھەقىقەتتە قەرز بەرگەنلىك ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئاللاھ ھەددىدىن تاشقىرى مېھرىبان زات بولغاچقا ئازغىنە سەدىقە قىلغانغىمۇ ناھايىتى كۆپ ئەجىر ئاتا قىلىدۇ. ھەتتا بىر داننى يەتتە يۈز دانىغىچە كۆپەيتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا پۇل-سەرپ قىلىشنى ئاللاھقا خۇشاللىق بىلەن قەرز بېرىپ تۇرۇش دەپ ئىپادىلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئىدى: سىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا قانچىلىك كۆپ پۇل-مال سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنى سىلەرگە نەچچە ھەسسە قىلىپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

﴿مَغْلُولَةٌ﴾نىڭ مەنىسى بېخىل دېمەكتۇر. يەنى يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالانىڭ قولى باغلاغلىق دېمەكچى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزىدىكى نەرسىنى چىڭ تۇتۇۋالىدىغان بېخىل دېمەكچى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. (ئىبنى كەسىر) ئاللاھ تائالا دېدىكى، «يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن!» يەنى بېخىللىق يەھۇدىيلارنىڭ ئادىتىدۇر. ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا، شۇنداق سەرپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «وَاسِعُ الْفَضْلِ» مەرھەمىتى كەڭ، «جَزِيلَ الْعَطَاءِ» كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر. بارلىق خەزىنىلەر ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. شۇڭا ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ بارلىق ھاجەتلىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىزگە كېچە-كۈندۈزلىرىمىزدە، سەپەرگە چىققىنىمىزدا، مۇقىم تۇرغىنىمىزدا ۋە بارلىق ئەھۋالىمىزدا بىز ئېھتىياجلىق بولغان ۋە بولىدىغان ھەممە نەرسىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

﴿ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك - شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾. (سۈرە ئىبراھىم 34 - ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ ئوڭ قولى لىقمۇلىق تولغان بولۇپ، كېچە-كۈندۈز سەرپ قىلىسىمۇ كەم بولۇپ قالمايدۇ. ئۇ ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقاندىن بۇيان سەرپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ قولىدىكى خەزىنە كەم بولۇپ قالغىنى يوق...» (سەھىھۇل بۇخارى 7419-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 993-ھەدىس)

كُلَّمَآ أَوۡقَدُواْ نَارٗا لِّلۡحَرۡبِ أَطۡفَأَهَا ٱللَّهُۚ وَيَسۡعَوۡنَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَسَادٗاۚ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٦٤﴾ وَلَوۡ أَنَّ أَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَكَفَّرۡنَا عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَلَأَدۡخَلۡنَٰهُمۡ جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٦٥﴾

***ئۇلار ھەر قاچان ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ①، ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا***

*يۈرىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى ياقتۇرمايدۇ② [64]. ئەگەر ئەھلى كىتاب (ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي) ئىمان ئېيتسا ۋە (ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن) ساقلانسا ئىدى③، بىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم كەچۈرەتتۇق، ئۇلارنى چوقۇم نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزەتتۇق [65].*

① يەنى قاچانكى ئۇلار ساۋاشقا سۈيىقەست قىلماقچى بولۇپ، پىلان تۈزسە ياكى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىكار قىلىۋېتىپ، سۈيىقەستىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياندۇرىدۇ. «ئوتنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى، يەنى يامانلىقنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىدۇ.

② ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئادىتى شۇكى، ئۇلار يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، پىتنە-پاسات تارقىتىش ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

③ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن ئىمان كەلتۈرۈش تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىدى، ھەتتا ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن كىتابلاردىمۇ شۇنداق بۇيرۇق بار ئىدى. ﴿وَاتَّقَوْا﴾ ئۇلار ئاللاھقا ئاسىي بولۇشتىن ساقلانسا ئىدى، يەنى ئۇلار مۇبتىلا بولغان ئەڭ چوڭ ئاسىيلىق ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشتىن ساقلانسا ئىدى.

وَلَوْ أَنَّهُمْ أَقَامُوا۟ ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِم مِّن رَّبِّهِمْ لَأَكَلُوا۟ مِن فَوْقِهِمْ وَمِن تَحْتِ أَرْجُلِهِم ۚ مِّنْهُمْ أُمَّةٌ مُّقْتَصِدَةٌ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ سَآءَ مَا يَعْمَلُونَ ﴿٦٦﴾

*ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە رەببى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل قىلسا ئىدى①، ئۇلار چوقۇم ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن (بېرىلگەن رىزىقنى) يەيتتى*

*(يەنى ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى)② ، ئۇلاردىن توغرا يولدا بولغان (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان) بىر تۈركۇم كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان!③ [66]*

① تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئەمەل قىلسا دېمەك ئۇ كىتابلاردىكى بۇيرۇلغان ئەھكاملارغا ئەمەل قىلسا دېمەكتۇر. ئۇ بۇيرۇقلارنىڭ بىرى ئاخىرقى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىدى. «وَمَا أُنْزِلَ» «نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل قىلسا» دېگەن قۇرئان كەرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ساماۋى كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرسە دېمەكتۇر. يەنى ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلسا ئىدى.

② «ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن» دەپ كەلتۈرۈلىشى ئاللاھ ئاتا قىلغان رىزىقنىڭ تۈرلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «ئۈستىدىن» دېمەك ئاسماندىن، يەنى ئېھتىياجىغا قاراپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتى. «ئاستىدىن» دېمەك زېمىندىن، يەنى زېمىن ئۇ يامغۇرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىراتتى، نەتىجىدە باياشاتچىلىقمۇ ۋە مەمۇرچىلىقمۇ بولاتتى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە بايان قىلغانىدەك: ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق﴾. (سۈرە ئەئراف 96ـ ئايەت)

③ لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىمان يولىنى تاللىماي، كۇفرىدا چىڭ تۇردى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئەنە شۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى بۇ يەردە «يامان قىلمىش» دەپ ئىپادىلەندى. ﴿ئۇلاردىن توغرا يولدا بولغان (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان) بىر تۈركۇم كىشىلەر بار﴾ دېگەن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق مەدىنىدىكى يەھۇدىيلاردىن مۇسۇلمان بولغان سەككىز ـ توققۇز كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغۡ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ وَإِن لَّمۡ تَفۡعَلۡ
فَمَا بَلَّغۡتَ رِسَالَتَهُۥۚ وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي
ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٦٧﴾ قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَسۡتُمۡ عَلَىٰ شَيۡءٍ حَتَّىٰ
تُقِيمُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ وَٱلۡإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡۗ وَلَيَزِيدَنَّ
كَثِيرٗا مِّنۡهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَ طُغۡيَٰنٗا وَكُفۡرٗاۖ فَلَا تَأۡسَ
عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾

***ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى (تولۇق) يەتكۈزگىن، ئەگەر (شۇنداق) قىلمىساڭ، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزمىگەن بولىسەن①. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ②. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [67]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر (ھەقىقەتتىن ھېچ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئەمەسسىلەر (يەنى ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر)». رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ھەقىقەتلەر ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق ۋە كۇفرنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ③. شۇڭا كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن (چۈنكى پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىش ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر) [68].***

① بۇ بۇيرۇقنىڭ پايدىسى شۇ بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقماستىن، كېمەيتمەستىن كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزدى. دېمەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى بۇيرۇلغان بويىچە ئادا قىلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان دىن ئەھكاملىرىدىن بىر نەرسىنى يوشۇرغان دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم يالغان ئېيتقان بولىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 4612-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 177-ھەدىس) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «سىلەردە قۇرئاندىن باشقا ۋەھيي ئارقىلىق

چۈشكەن بىرەر نەرسە بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپ، «لېكىن ئاللاھ بىر بەندىسىگە قۇرئاننى چۈشەنچە ئاتا قىلغان بولسا، شۇ بار، يەنە بۇ سەھىپە بار، ئۇنىڭدا رەسۇلۇللاھنىڭ دىيەت، قاتىللىق ۋە ئەسىرلەرگە ئالاقىدار ھەدىسلىرى بار» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 111-ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن يۈزمىڭ ياكى بىر يۈز قىرىق مىڭ ئادەم توپلانغان ۋىدالىشىش ھەججىدىكى خۇتبىسىدە: «ئى خالايىق! سىلەر مەن توغرۇلۇق سورىلىسىلەر، سىلەر نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟» دېدى. ساھابىلار: «بىز سېنىڭ ۋەزىپەڭنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە، ئادا قىلغانلىقىڭغا ۋە بىزگە نەسىھەت قىلغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىز» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى ئاللاھ! يەتكۈزدۈممۇ؟ ئى ئاللاھ! سەن گۇۋاھ بولغىن (دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى) ». (سەھىھ مۇسلىم 1218-ھەدىس)

② ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەم مۆجىزىلىك تەرىقىدە ھەم زاھىرىي سەۋەب-ئامىللار بىلەنمۇ قوغدىغان ئىدى، زاھىرىي سەۋەب-ئامىللار بىلەن قوغدىغانلىقى شۇكى، بۇ ئايەت چۈشۈشتىن خېلى ئىلگىرى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ دىلىغا ئۇنىڭ مېھرىنى سالدى، تاغىسى ئۇنى ھىمايە قىلىپ تۇردى، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولماي كاپىر ھالەتتە تۇرغانلىقىمۇ مۇشۇ سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك. چۈنكى ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەن بولسا، مەككە كاتتىباشلىرىنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىرام ۋە ئۇنىڭدىن ئەيمىنىش ئۇ دەرىجىدە چوڭ بولمايتتى، ئۇلار بىلەن دىنداش بولغانلىقى ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇنى قوغدىيالىدى. ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنى باشقا مەككە كاتتىباشلىرى ئارقىلىق، مەدىنىدە ئەنسارلار ئارقىلىق قوغدىدى. بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مۇھاپىزەتچى، قوغدىغۇچى دېگەندەك) زاھىرىي سەۋەبلەرنى قوللانمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېلى ئېغىر خەتەرلەرگە دۇچ كەلدى، لېكىن ئاللاھ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلدى. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ۋەھيى ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ مىكىرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، خەتەرلىك سۇيىقەستلەردىن ساقلىدى، قاتتىق ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدىمۇ كاپىرلارنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ھۇجۇملىرىدىن قوغدىدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدۇر، ئاللاھ خالىغان تەرىقىدە ئىشلارنى تەقدىر

قىلىدۇ، ئاللاھتىن كەلگەن قازايى-قەدەرنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ، ئاللاھ ھەممىدىن غالىپ ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

③ بۇ يەردىكى كۇفرنىڭ ئىشىشى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىگە يەنى ئۇسۇل-پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇندۇر. يەنى بەزى ياخشى ئەمەللەر سەۋەبىدىن مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى كۈچىيىدۇ، ئىلمى ئاشىدۇ، ياخشىلىقلىرى ئېخىمۇ زىيادە بولىدۇ. شۇنىڭدەك گۇناھ-مەئسىيەت ۋە ئاسىيلىق سەۋەبىدىن ئىنسانلار كۇفرىلىققا ئېخىمۇ پاتىدۇ، يامانلىقتا ئېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: ﴿ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى ئۇ (قۇرئان) ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك-شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 44-ئايەت) ﴿بىز مۇئمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى ئېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾. (سۈرە ئىسرا 82-ئايەت)

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلصَّٰبِـُٔونَ وَٱلنَّصَٰرَىٰ مَنْ ءَامَنَ
بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْأَخِرِ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ
يَحْزَنُونَ ﴿٦٩﴾ لَقَدْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَأَرْسَلْنَآ إِلَيْهِمْ رُسُلًاۖ
كُلَّمَا جَآءَهُمْ رَسُولٌۢ بِمَا لَا تَهْوَىٰٓ أَنفُسُهُمْ فَرِيقًا كَذَّبُواْ وَفَرِيقًا
يَقْتُلُونَ ﴿٧٠﴾ وَحَسِبُوٓاْ أَلَّا تَكُونَ فِتْنَةٌ فَعَمُواْ وَصَمُّواْ ثُمَّ تَابَ ٱللَّهُ
عَلَيْهِمْ ثُمَّ عَمُواْ وَصَمُّواْ كَثِيرٌ مِّنْهُمْۚ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ بِمَا يَعْمَلُونَ ﴿٧١﴾

***مۇئمىنلەردىن، يەھۇدىيلاردىن، سابىئىيلاردىن، ناسارالاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار غەم-ئەندىشە قىلمايدۇ① [69]. شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە ئۇلارغا (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن) پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇلارغا ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرەر نەرسىنى (يەنى بىرەر ئەھكامنى) ئېلىپ كەلسە، ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بىر قىسمىنى ئىنكار قىلدى، بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى [70]. ئۇلار (بىز ئىسرائىل ئەۋلادى پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن) ئازابقا (ياكى بالا-قازاغا) دۇچار بولمايمىز دەپ ئويلاپ، (ھەقىقەتنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاشتىن) كور ۋە گاس بولۇۋالدى، (ئۇلار تەۋبە قىلغاندىن) كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يەنە (ھەقنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاشتىن) كور ۋە گاس بولۇۋالدى②، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [71].***

① «سابىئىيلار» دەسلەپتە بىر توغرا دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان (شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار بىلەن بىر جايدا زىكىر قىلىنغان)، لېكىن بىر زامانلاردىن كېيىن، ئۇلار پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان بولۇپ كەتكەن ياكى دىنسىز بولۇپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دىنسىز كىشىلەر «سابىئىيلار» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. بۇ مەزمۇن سۈرە بەقەرەنىڭ 62-ئايىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى. ئەمدى قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسلامدىن باشقا ھېچبىر دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئاخىرەتتە نىجات تاپالمايدۇ. ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾. (سۈرە ئال ئىمران 85-ئايەت).

② يەنى ئۇلار بىزگە جازا كەلمەيدۇ دەپ ئويلايتتى، لېكىن ئاللاھنىڭ مەزكۇر قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئۇلارغا شۇنداق جازا كەلدىكى، ھەقنى كۆرۈشتىن تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە كور بولدى، پەند-نەسىھەت ئاڭلاشتىنمۇ ئېغىر دەرىجىدە گاس بولدى. دېمەك، ئۇلار ھەقنى تونۇشتىن مەھرۇم قالدى. تەۋبە قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار بۇ ئىشنى قايتا

تەكرارلىغان ئىدى، يەنە شۇ ئوخشاش جازا بېرىلدى.

لَقَدْ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْمَسِيحُ ٱبْنُ مَرْيَمَ ۖ وَقَالَ
ٱلْمَسِيحُ يَٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ رَبِّى وَرَبَّكُمْ ۖ إِنَّهُۥ مَن يُشْرِكْ
بِٱللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ ٱلْجَنَّةَ وَمَأْوَىٰهُ ٱلنَّارُ ۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ
مِنْ أَنصَارٍ ﴿٧٢﴾ لَّقَدْ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ ثَالِثُ ثَلَٰثَةٍ ۘ وَمَا
مِنْ إِلَٰهٍ إِلَّآ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ ۚ وَإِن لَّمْ يَنتَهُواْ عَمَّا يَقُولُونَ لَيَمَسَّنَّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ مِنْهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٣﴾

*شەكسىزكى، «ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى مەسىھتۇر»① دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. ھالبۇكى، مەسىھ: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار②، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى ئاللاھتىن باشقىنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغۇچى) بولمايدۇ»③ دېدى [72]. شەكسىزكى، «ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر»④ دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ [73].*

① بۇ مەزمۇن 17-ئايەتتە بايان قىلىنىپ بولغان ئىدى، بۇ يەردە ئەھلى كىتابنىڭ گۇمراھلىقلىرىنىڭ قاتارىدا قايتا تىلغا ئېلىنىدى. بۇ ئايەتتە مەسىھ (ئىيسا) ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان پىرقىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدى.

② ئەمەلىيەتتە ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەنى مەريەم ئوغلى مەسىھ بۆشۈكتىكى چاغدا ئۆزىنىڭ بەندە ئىكەنلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىزھار

قىلغان (يېشىغا توشمىغان بوۋاقتا سۆزلەش ئىقتىدارى بولمايدۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن): ﴿مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ)﴾ دېگەن. (سۈرە مەريەم 3-ئايەت) بۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان تۇنجى ئېغىز سۆز ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ «مەن ئاللاھ ياكى مەن ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېمىگەن، بەلكى پەقەت «مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى» دېگەن. يەنە ئۇ ياش قۇرامىغا يېتىپ پەيغەمبەر بولغاندىمۇ: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر﴾ دېگەن. (سۈرە ئال ئىمران 51-ئايەت) مانا بۇ ئانىنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ دېگەن سۆزنىڭ دەل ئۆزىدۇر. (سۈرە مەريەم 36-ئايەتكە قارالسۇن) سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام قىيامەت يېقىن بولغاندا زېمىنغا چۈشىدۇ، بۇنىڭدا ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن. شۇ چاغدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىپ كىشىلەرنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ، ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرمايدۇ.

③ مەسىھ ئەلەيھىسسالام بۆشۈكتىكى چاغدىلا ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر بەندە ۋە پەيغەمبەرلىكىنى ئىزھار قىلغان ئىدى. كېيىن ياش قۇرامىغا يەتكەندىمۇ ئوخشاش سۆزنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھقا شېرىك قوشۇشنىڭ ئەڭ قەبىھ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ۋە مۇشرىكلارغا جەننەتنىڭ ھارام بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى جەھەننەمدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇشرىكلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنى جەھەننەمدىن قۇتقۇزىدىغان مەدەتكار دەپ ئېتىقاد قىلاتتى.

④ بۇ ئايەتتە خرىستىئانلارنىڭ ئۈچ ئىلاھ بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بىر پىرقىسى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ئىلاھنى «ئۈچ ئاقانىم» دەپ ئاتايدۇ. ئىلاھلارنىڭ ئىسىملىرىنى بەلگىلەش ۋە شەرھىيلەشتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېغىر ئىختىلاپلار مەۋجۇت. ئۇلار ئاللاھقا شېرىك قوشۇپ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمنى ئىلاھ (مەئبۇد) دەپ دەۋا قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم ئوچۇق ئىبارىلەر بايان قىلىدىكى، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن سورايدۇ: ﴿ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە، ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن

ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار دېدىڭمۇ؟﴾. (سۈرە مائىدە 116-ئايەت) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئانىسى مەريەمنى ئۆزلىرىگە ئىلاھ قىلىۋالغان ۋە ئاللاھنى «ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر» دەپ ئاتىۋالغان. ئاللاھ تائالا بۇلارنىمۇ ئىلگىرىكى ئېتىقادتىكى پىرقىگە ئوخشاش كاپىر دەپ ئاتىدى.

أَفَلَا يَتُوبُونَ إِلَى ٱللَّهِ وَيَسْتَغْفِرُونَهُۥ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٧٤﴾ مَّا ٱلْمَسِيحُ ٱبْنُ مَرْيَمَ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ ٱلرُّسُلُ وَأُمُّهُۥ صِدِّيقَةٌ ۖ كَانَا يَأْكُلَانِ ٱلطَّعَامَ ۗ ٱنظُرْ كَيْفَ نُبَيِّنُ لَهُمُ ٱلْـَٔايَـٰتِ ثُمَّ ٱنظُرْ أَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٧٥﴾

***ئۇلار تېخىچە ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [74]. مەريەم ئوغلى مەسىھ (ئىيسا) پەقەتلا (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايال ئىدى①، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى② (يەنە ئۇلارمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى). ئۇلارغا (يەنى خرىستىئانلارغا ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىللىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىۋاتقانلىقىمىزغا قارىغىن. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغىمۇ قارىغىن [75].***

① ﴿صِدِّيقَةٌ﴾نىڭ مەنىسى ۋەلىييە ۋە مۇئمىنە دېگەنلىكتۇر. يەنى ئۇمۇ مەسىھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگۈچى ۋە ئۇنى تەستىقلىغۇچىلاردىن ئىدى. بۇ مەريەمنىڭ «نەبىييە» پەيغەمبەر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى پەيغەمبەرمىكى دەپ ئويلاپ قالغان يەنە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى سارەنى ۋە مۇسا

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىمۇ پەيغەمبەر دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، ئاۋالقى ئىككى ئايالغا پەرىشتىلەر سۆز قىلغان ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا ئاللاھ تائالا ئۆزى ۋەھيى قىلغان. لېكىن كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ دەلىل قۇرئان كەرىمنىڭ ناھايىتى ئوچۇق ئىبارىسى ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەرلەردىنلا بولغانلىقىنى قۇرئان كەرىم سۈرە يۇسۇفنىڭ 109-ئايىتىدە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق﴾.

② بۇ مەسىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئانىسى مەريەم ئىككىسىنىڭ ئىلاھ ئەمەسلىكى بەلكى ئىنسان ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. چۈنكى يېمەك-ئىچمەك ئىنسانىي ئېھتىياجنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىلاھ بۇنداق نەرسىلەرگە ئەسلا موھتاج ئەمەستۇر.

قُلْ أَتَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا نَفْعًا ۚ وَٱللَّهُ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٧٦﴾ قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لَا تَغْلُوا۟ فِى دِينِكُمْ غَيْرَ ٱلْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعُوٓا۟ أَهْوَآءَ قَوْمٍ قَدْ ضَلُّوا۟ مِن قَبْلُ وَأَضَلُّوا۟ كَثِيرًا وَضَلُّوا۟ عَن سَوَآءِ ٱلسَّبِيلِ ﴿٧٧﴾ لُعِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ لِسَانِ دَاوُۥدَ وَعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ ۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَوا۟ وَّكَانُوا۟ يَعْتَدُونَ ﴿٧٨﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) سەن (مۇشرىكلارغا): «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ، سىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟» دېگىن. ئاللاھ بولسا (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر① [76]. (ئى پەيغەمبەر! خرىستىيانلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! دىنىڭلاردا يولسىزلىق قىلىپ چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار②، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋم (يەھۇدىيلار)نىڭ③ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار» [77].*

*ئىسرائىل ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى④ . بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى⑤ [78].*

① بۇ ئايەت ھېچكىمگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرنى مەبۇد قىلىۋالغان مۇشرىكلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇتلار پايدا-زىيان يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىر كىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە بىرسىنىڭ ھالىنى چۈشۈنۈش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە ئەمەس. بۇنداق قۇدرەت پەقەت بىر ئاللاھ تائالادا بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى، مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلغۇچى پەقەت شۇ بىر ئاللاھتۇر.

② يەنى ھەققە ئەگىشىشتە چەكتىن ئاشماڭلار، سىلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ قىلىۋالغاندەك ھۆرمەتلەشكە بۇيرۇلغان كىشىلەرنى چەكتىن ئاشۇرۇپ، پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن ئىلاھلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈۋەتمەڭلار. چەكتىن ئېشىش ھەر دەۋردە شېرىك ۋە گۇمراھلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىسى ۋە سەۋەبچىسى بولغان.

③ يەنى ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرىكى بىر پەيغەمبەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ، ئۆزىمۇ ئازغان ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغان يەھۇدىيلارغا ئەگەشمەڭلار.

④ يەنى ئۇلار داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان زەبۇردا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئىنجىلدا لەنەت قىلىنغان ئىدى، مانا ئەمدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاندىمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىنىۋاتىدۇ. لەنەت قىلدى دېمەك ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى دېمەكتۇر.

⑤ يەنى بۇ لەنەتنىڭ سەۋەبلىرى: 1. ئاسىيلىق، يەنى پەرزلەرنى تەرك ئېتىش ۋە ھارام قىلىنغان ئىشلارنى سادىر قىلىش بىلەن ئاسىيلىق قىلىش. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان ئىدى. 2. ھەددىدىن ئېشىش، يەنى دىندا يوق ئىشلارنى ۋە بىدئەتلەرنى پەيدا قىلىپ ھەددىدىن ئاشقان ئىدى.

كَانُواْ لَا يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُۚ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ ﴿٧٩﴾
تَرَىٰ كَثِيرًا مِّنْهُمْ يَتَوَلَّوْنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ لَبِئْسَ مَا قَدَّمَتْ لَهُمْ
أَنفُسُهُمْ أَن سَخِطَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ وَفِى ٱلْعَذَابِ هُمْ خَٰلِدُونَ ﴿٨٠﴾ وَلَوْ
كَانُواْ يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلنَّبِىِّ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِ مَا ٱتَّخَذُوهُمْ أَوْلِيَآءَ
وَلَٰكِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٨١﴾

***ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايتتى① . ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! [79] (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)نىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ (سېنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆچ كۆرۈش يۈزىسىدىن) كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشى قىلدۇرغان قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك) ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابتا قالغۇچىلاردۇر② [80]. ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتقان بولسا ئىدى، كاپىرلارنى دوست تۇتمىغان بولاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى) پاسىقلاردۇر③ [81].***

① ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىلمىشى شۇكى، ئۇلار بىر-بىرىنى يامان ئىشتىن توسمايتتى، توسماسلىقنىڭ ئۆزى ئېغىر جىنايەت ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يامان ئىشتىن توسماسلىق جىنايىتىنى لەنەتكە سەۋەب بولغان ئاسىيلىق ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىق دەپ قارار قىلغان، قانداقلا بولمىسۇن ھەر ئىككى ئەھۋالدا يامان ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسماسلىق ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە لەنىتىگە دۇچار قىلىدۇ. ھەدىسلەردىمۇ بۇ جىنايەتكە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلار بېرىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دەسلەپكى خاتالىقى شۇ ئىدىكى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ يامان ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا: ئاللاھتىن قورققىن، بۇ يامانلىقنى تاشلىغىن، بۇ ساڭا جايىز ئەمەس، دەيتتى، لېكىن ئەتىسى

ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ-قوپۇشنى ھېچقانداق ئار-نومۇس ھېس قىلمايتتى (يەنى ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخان، ھەمجۆر، مەسلەكداش بولۇپ كېتەتتى).» ھالبۇكى، ئىمان ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشنى ۋە ئۇنىڭدىن ئالاقىنى ئۈزۈشنى تەقەززا قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر-بىرىگە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھنىڭ لەنىتىگە لايىق بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيسىلەر، يامانلىقتىن توسىسىلەر، زالىمنىڭ زۇلۇمىنى چەكلەيسىلەر (بولمىسا سىلەرنىڭ ھالىڭلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ).» (سۇنەنى ئەبى داۋۇد4336 –ھەدىس)

يەنە بىر رىۋايەتتە يامانلىقنى توسمىغان ئەھۋالدا «سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولۇپ قالىسىلەر، ئاندىن دۇئا قىلساڭلارمۇ دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 388-بەت)

② مانا بۇ يەھۇدىيلارنىڭ مۇئمىنلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ ئۇلاردىن نارازى بولدى. بۇ نارازىلىقنىڭ نەتىجىسى جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىش بولدى.

③ دېمەك كىمنىڭ قەلبىدە چىن ئىمان بولىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇئمىنلەرنى يامان كۆرۈپ، كاپىرلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلمايدۇ.

۞ لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ ٱلنَّاسِ عَدَٰوَةً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلۡيَهُودَ وَٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْۖ وَلَتَجِدَنَّ أَقۡرَبَهُم مَّوَدَّةً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّا نَصَٰرَىٰۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّ مِنۡهُمۡ قِسِّيسِينَ وَرُهۡبَانًا وَأَنَّهُمۡ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٨٢﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) سەن يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن ئەشەددى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن① .***

*«بىز ناسارا» دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن، بۇنداق بولۇشى ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالارنىڭ، راھىبلارنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقىدىندۇر*② *[82]*.

① شۇ سەۋەبتىن يەھۇدىيلاردا ھەقنى ئىنكار قىلىش، باتىلدا تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرىۋېلىش، تەكەببۇرلۇق، ئىلىم ئەھلى ۋە مۇئمىنلەرنى كەمسىتىش قىلمىشلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئىنكار قىلىش ئۇلارنىڭ ئادىتى بولۇپ كەلدى. ھەتتا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ بىر نەچچە قېتىم سۇيىقەست قىلدى. ئۇنىڭغا سېھىرمۇ ئىشلىتىپ باقتى، ھەر جەھەتتىن زىيان يەتكۈزۈشكە ئۇرۇندى. بۇ جەھەتتە مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىمۇ ئۇلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

② ( رُهبَان) دېگەن دىيانەتلىك، خىلۋەتتە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان راھىبلارنى، ( قِسِّيسِينَ) دېگەن ناسارالارنىڭ ئۆلىما ۋە ۋائىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ناسارالار (يەنى خرىستىئانلار)دا بىلىم ۋە كەمتەرلىك بار، شۇڭا ئۇلار يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ئىنكارچى ۋە مۇتەكەببىر ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا خرىستىئان دىنىدا مۇلايىملىق، ئەپۇچانلىق خىسلىتى مەۋجۇت. ھەتتا ئۇلارنىڭ كىتابىدا «بىراۋ سىنىڭ ئوڭ يۈزۈڭگە بىر كاچات سالسا، سول يۈزۈڭنى تۇتۇپ بەر (يەنى ئۇرۇشما)» دېگەن بۇيرۇقمۇ بار. بۇ جەھەتتە ئۇلار يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرغاندا مۇسۇلمانلارغا يېقىنراقتۇر. مانا بۇ خرىستىئانلارنى يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىكتۇر. ئۇلارنىڭ ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىشىمۇ پەرقلىق دەرىجىدە تۆۋەنرەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىك ئۇلاردىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: ئەھلىسەلىپلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلغان ئۇرۇشىنىڭ نەچچە ئەسىر داۋاملاشقانلىقى، ھەتتا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. ھازىرقى دەۋردە يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار ھەممىسى بىرلىشىپ ئىسلامغا قارشى تۇرىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن قۇرئان كەرىم ھەر ئىككىسىنى دوست تۇتۇشتىن چەكلىدى.

وَإِذَا سَمِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَى ٱلرَّسُولِ تَرَىٰٓ أَعۡيُنَهُمۡ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمۡعِ
مِمَّا عَرَفُواْ مِنَ ٱلۡحَقِّۖ يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ
ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨٣﴾ وَمَا لَنَا لَا نُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَمَا جَآءَنَا مِنَ ٱلۡحَقِّ
وَنَطۡمَعُ أَن يُدۡخِلَنَا رَبُّنَا مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٤﴾

***ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان (ئايەتلەر)نى ئاڭلىغان چاغدا، ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قويۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا يازغىن [83]. بىز نېمىشقا ئاللاھقا، بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى؟ ھالبۇكى، بىز رەببىمىزنىڭ بىزنى ياخشى كىشىلەر قاتارىدا (جەننەتكە) كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز»① [84].***

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چاغدا، مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ئىككى قېتىم ھىجرەت قىلغان ئىدى. ھەبەشىستان خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەملىكەت ئىدى. ئۇ يەردە ئەسھەمە نەجاشى پادىشاھ ئىدى. بۇ ئايەت ھەبەشىستاندا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك ئىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق نەجاشىغا بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپنى نەجاشىغا ئوقۇپ بەرگەندە، نەجاشى ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلارنى ۋە جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يېنىغا چاقىرتتى. يەنە ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئابىد، زاھىد، (پوپ) ئالىملارنىمۇ ھۇزۇرىغا جەم قىلدى. ئاندىن جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇرئان ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە مەريەمنى ئوقۇدى. ئۇلار بۇ سۈرىدىكى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز تۇغۇلغانلىق ھەققىدىكى مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ بىر بەندە ھەم پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەتلەرنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى ۋە مۇسۇلمان بولدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇددى ۋە باشقىلارنىڭ دېيىشىچە: بۇ ئايەت نەجاشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى توغرىسىدا

چۈشكەن. نەجاشى ئۆز ئادەملىرىدىن بىر قانچە ئالىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەرگەندە، ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلگەن ۋە مۇسۇلمان بولغان. (فەتھۇلقەدىر) بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرىدە مۇشۇ خىل سۈپەتتىكى خىرىستىئانلارنىڭ ئەھۋالى تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: ﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار. ئۇلار ئاللاھتىن قورقىدۇ﴾. (سۈرە ئال ئىمران 199-ئايەت) بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرمۇ بار. بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، نەجاشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە ساھابىلىرىغا: «ھەبەشىستاندا سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇڭلار» دېدى. ئاندىن شەھەر سىرتىغا چىقىپ نەجاشى ئۈچۈن (غايىبانە) جىنازە نامىزى ئوقۇدى. (سەھىھۇل بۇخارى 1320-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 66-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان كىشىگە ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ: بىرى، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن. يەنە بىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن». (سەھىھۇل بۇخارى 97-ھەدىس)

فَأَثَٰبَهُمُ ٱللَّهُ بِمَا قَالُواْ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ
فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٨٥ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ
أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ٨٦ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُحَرِّمُواْ
طَيِّبَٰتِ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ
ٱلۡمُعۡتَدِينَ ٨٧ وَكُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ حَلَٰلٗا طَيِّبٗاۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
ٱلَّذِيٓ أَنتُم بِهِۦ مُؤۡمِنُونَ ٨٨

*بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ*

*تۇرىدىغـان جەننەتلـەر بىلـەن مۇكاپاتلايـدۇ. ئـۇلار جەننەتلـەردە مەڭگـۈ قالـىدۇ. ئەنـە شـۇ (تائـەت ـ ئىبادەتنـى) مۇكەممـەل قىلغۇچىلارنىـڭ مۇكاپاتـىدۇر [85]. (ئاللاھنـى) ئىنـكار قىلغـان ۋە بىزنىـڭ ئايەتلىرىمىزنـى يالغـان دېگەنلـەر دوزاخ ئەھلىـدۇر [86]. ئـى ئىمـان ئېيتقانـلار! ئاللاھ سىلەرگە ھـالال قىلغـان پاك نەرسىلەرنى (تەركـى دۇنيـا بولـۇش يۈزىسىدىن) ئۆزۈڭلارغـا ھـارام قىلىۋالمـاڭلار① ، (ئاللاھ بەلگىلـەپ بەرگـەن) چەكتىـن ئاشماڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ چەكتىـن ئاشـقۇچىلارنى دوسـت تۇتمايـدۇ [87]. ئاللاھ سىلەرگە رىزىـق قىلىـپ بەرگـەن ھـالال، پـاك نەرسىلەردىن يـەڭلار، سىلەر ئىمان كەلتۈرگەن ئاللاھتىن قورقۇڭلار [88].*

① ھەدىسـتە بايان قىلىنىشـىچە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغـا كېلىـپ: «ئـى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مـەن گـۆش يېسـەم نەپسى شـەھۋىتىم ئېشىـپ كېتىـدۇ، شـۇڭا مـەن ئۆزۈمگـە گـۆش يېيىشـنى ھـارام قىلدىم» دېدى، شۇ ۋاقىتتـا بۇ ئايـەت چۈشتى. (سۈنەنى تىرمىزى، ئەلبانى 3ـتوم 232ـبەت، 3054ـھەدىس) شـۇنىڭدەك ئايەتنىـڭ چۈشـۈش سـەۋەبى توغرىسـىدا باشـقا بىـر نەچچـە رىۋايـەت بـار. بـەزى ساھابىلەر زاھىتلىق يولىنى تۇتـۇپ، ۋاقتىنى ئىبادەتكىلا بېرىش ئۈچـۈن بـەزى ھـالال نەرسىلەر (ئۆيلىنىش، كېچىدە ئۇخلاش، كۈندۈزى يېمەك ـ ئىچمەك يېيىش قاتارلىقلار) نـى تـەرك ئەتمەكچى بولغـان ئىدى. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم بولغانـدا، ئۇلارنى چەكلىگـەن. (شـۇ تەرىقـىدە) ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىدىن ئايرىم تۆشـەكتە يېتىشقا باشلىغاندا، ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇنداق قىلىشتىن توسقان. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 1369ـھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 6ـتوم، 268ـبەت) مەزكۇر ئايەت ـ ھەدىسلەردىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋېلىش ياكى ئۇ نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتۇش جايىز ئەمەس. مەيلى ئۇ نەرسىلەر يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى كىيىم ـ كېچەك ۋەياكى باشقا كۆڭۈل تارتىدىغان شەرىئەتتە چەكلەنمىگەن نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن.

ئەسكەرتىش: شۇنىڭدەك كىمكى ئۆزىگە قانداق بىر نەرسىنى ھارام قىلىۋالسا، ئۇ نەرسە ھارام بولمايدۇ، ئەمما ئايالىنى ھارام قىلسا، ھارام

بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭغا قەسەمنىڭ كاپارىتى كېلىدۇ، بەزى ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە كاپارەت كەلمەيدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىن كېيىن ئاللاھ تائالا قەسەمنىڭ كەفارىتىنى بايان قىلدى، شۇڭا بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، قانداق بىر ھالال نەرسىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋېلىش قەسەمنى بۇزغانغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا كەفارەت كېلىدۇ».

لَا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغْوِ فِيٓ أَيْمَٰنِكُمْ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ ٱلْأَيْمَٰنَ ۖ فَكَفَّٰرَتُهُۥٓ إِطْعَامُ عَشَرَةِ مَسَٰكِينَ مِنْ أَوْسَطِ مَا تُطْعِمُونَ أَهْلِيكُمْ أَوْ كِسْوَتُهُمْ أَوْ تَحْرِيرُ رَقَبَةٍ ۖ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٍ ۚ ذَٰلِكَ كَفَّٰرَةُ أَيْمَٰنِكُمْ إِذَا حَلَفْتُمْ ۚ وَٱحْفَظُوٓا۟ أَيْمَٰنَكُمْ ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٨٩﴾

*ئاللاھ سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان (بىھۇدە) قەسەمگىلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەمگىلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ① (بۇنداق قەسەمنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كاپارىتى (يەنى بەدىلى) ئائىلەڭدىكىلەرگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر② ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇردىن كىيىم بېرىشتۇر③ ياكى بىر قۇل (ياكى بىر چۆرىنى) ئازاد قىلىشتۇر④. كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم⑤. مانا بۇ سىلەر قەسەم قىلغاندا (بۇزۇۋەتكەن) قەسەمگىلارنىڭ كاپارىتىدۇر. قەسەمگىلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى قەستەن قىلغان قەسەمگىلارنى ئورۇنداڭلار ياكى كاپارىتىنى ئادا قىلىڭلار). سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ [89].*

① قەسەم ئەرەب تىلىدا " حَلْفٌ " ياكى " يَمِيْنٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپلۈكى

" أَحْـلَافٌ " ۋە " أَيْمَـانٌ " دۇر. قەسـەم ئـۈچ خـىل بولـىدۇ: 1. " لَغْـوٌ" بـىھۇدە قەسـەم. يەنـى ئادەتتـە ئىنسـاننىڭ ئاغزىدىـن مەقسەتسـىزلا چىققـان قەسـەمدۇر. بـۇ خـىل قەسـەمگە ھېچقانـداق جـازا يـوق. 2. " غَمُـوسٌ " بـۇ باشقىلارنى ئالداش ئۈچۈن ئىچكەن يالغان قەسەم. بۇ ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا كاپارەت يـوق. 3. " مُعَقَّدَةٌ " ئىنسـان ئۆزىنىـڭ سـۆزىنى كۈچلەنـدۈرۈش، راسـتلىقىنى ئىسـپاتلاش ۋە تەكىتلـەش ئۈچـۈن ئـۆز ئىرادىسـى بىلـەن مەقسـەتلىك ئىچكـەن قەسـەمدۇر. ئەگـەر ئـۇ بـۇ قەسـەمنى بۇزسـا، ئۇنىڭغـا كەفـارەت كېلىـدۇ. بـۇ نۇقتـا كېيىنكـى ئايەتتـە بايـان قىلىنىدۇ.

② مىسـكىنگە بېرىلىدىغـان تاماقنىـڭ مىقدارى ھەققىـدە ھېچقانـداق سـەھىھ رىۋايـەت يـوق. شـۇ ۋەجىدىـن بـۇ ھەقتـە ئىختىـلاپ مەۋجـۇت. ئەممـا ئىمـام شـافىئى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ بىـر ھەدىسـىدىن رامىزانـدا روزىـدار ھالەتتـە ئايالـى بىلـەن بىـر تۆشـەكتە بولغـان كىشـىگە بۇيرىغـان كاپارىتىنـى دەلىـل كەلتـۈرۈپ، بىـر مىسـكىنگە بىـر مـۇد (600 گرامغـا يېقىـن) تامـاق بېرىشـنى بەلگىلىگـەن. چۈنكـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئـۇ كىشـىنى جىمانىـڭ كاپارىتـى ئۈچـۈن 60 مىسـكىنگە 15 سـائ خورمىنـى تەقسـىم قىلىـپ بېرىشـكە بۇيرىغـان ئىـدى. تـۆت مـۇد بىـر سـائ بولىـدۇ. بۇنىڭغـا ئاساسـەن سـەي-كۆكتاتلىرىنى قوشـمىغان ھالـدا ئـون مىسـكىنگە ئـون مـۇد (تەخمىنـەن ئالتـە كىلـو) ئاشـلىق كاپـارەت بېرىلىـدۇ. (تەپسـىر ئىبنى كەسىر)

③ كىيىـم ھەققىدىمـۇ ئىختىـلاپ مەۋجـۇت. قارىماققـا ئۇنىڭدىـن ئادەتتـە نامـاز ئوقۇغىلـى بولىدىغـان بىـر قـۇر كىيىـم كـۆزدە تۇتۇلىـدۇ. بـەزى ئۆلىمـالار تامـاق ۋە كىيىـم بېرىشـتە ئادەتتىكـى نورمـال تۇرمـۇش سەۋىيىسـى ئاسـاس قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلىگەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ بـەزى ئۆلىمـالار سـەۋەنلىك بىلـەن ئـادەم ئۆلتـۈرۈپ قويغۇچىنىـڭ دىيىتـى يەنـى تۆلەيدىغـان بەدىلىگـە قىيـاس قىلىـپ، ئـازات قىلىنىدىغـان قـۇل ياكى دېدەكنىـڭ مۆئمىـن بولۇشـىنى شـەرت قىلىـدۇ. ئىمـام شـەۋكانى مۇنـداق دەيـدۇ: «بـۇ ئايـەت ئومۇمـىي بولـۇپ، مۆئمىـن بولسـۇن ياكـى كاپىـر بولسۇن بىـر قـۇل ياكى دېدەكنى ئازات قىلسا بولىدۇ».

⑤ يەنـى ئەگـەر قەسـەمنى بۇزغـان كىشـى يۇقىرىقـى ئـۈچ ئىشـنىڭ بىرىنىمـۇ قىلالمىسـا، كاپارەت ئۈچـۈن ئـۈچ كـۈن روزا تۇتسـا بولىدۇ. بـۇ ئـۈچ

كۈن روزا قەسەمنىڭ كاپارىتى بولىدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش كېرەك دەپ قارايدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ تۇتسىمۇ، ئايرىم ـ ئايرىم تۇتسىمۇ جايىز دەپ قارايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡخَمۡرُ وَٱلۡمَيۡسِرُ وَٱلۡأَنصَابُ وَٱلۡأَزۡلَٰمُ
رِجۡسٞ مِّنۡ عَمَلِ ٱلشَّيۡطَٰنِ فَٱجۡتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ٩٠ إِنَّمَا
يُرِيدُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَن يُوقِعَ بَيۡنَكُمُ ٱلۡعَدَٰوَةَ وَٱلۡبَغۡضَآءَ فِي ٱلۡخَمۡرِ
وَٱلۡمَيۡسِرِ وَيَصُدَّكُمۡ عَن ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَعَنِ ٱلصَّلَوٰةِۖ فَهَلۡ أَنتُم
مُّنتَهُونَ ٩١ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَٱحۡذَرُواْۚ فَإِن تَوَلَّيۡتُمۡ
فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ٩٢

*ئى ئىمان ئېيتقانلار! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، (مەبۇد قىلىنىپ) تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى (بىلەن پال سېلىش) پاسكىنا قىلىقلاردۇر، شەيتاننىڭ ئىشىدىندۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار① [90]. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراق بىلەن قىماردىن) يانامسىلەر؟② [91]. ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلىشتىن) ھەزەر ئەيلەڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، ئەلچىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت دىنني (چۈشىنىشلىك قىلىپ) يەتكۈزۈشتۇر [92].*

① بۇ ھاراق ھەققىدىكى ئۈچىنچى ھۆكۈمدۇر. ھاراق بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ھۆكۈمدە ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىدى. لېكىن بۇ يەردە ئۇ قىمار ئويناش، بۇتخانىلارغا تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بىللە شەيتاننىڭ ئەمەللىرى دەپ ئاتىلىپ، ئوچۇق ئىبارىلەر بىلەن ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئەمر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئايەتتە ھاراق ۋە قىمارنىڭ زىيانلىرى

بايان قىلىنىپ، «سىلەر ئەمدى يانامسىلەر؟» دەپ سوئال قويۇلدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت مۇئمىنلەرنى سىناش ئىدى. شۇڭا مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلدى، ھاراقنىڭ كەسكىن شەكىلدە ھارام قىلىنغانلىقىغا قايىل بولۇپ، دەرھال ئى رەببىمىز، ياندۇق، ياندۇق، دېيىشتى. (مۇسنەدى ئەھمەد، 2-توم، 351-بەت) لېكىن بۈگۈنكى بىر قىسىم «دانىشمەنلەر» ھاراق نەدە ھارام قىلىندى؟ دەيدۇ. ئەجەبا، ئاللاھنىڭ ھاراقنى نىجىس ۋە شەيتاننىڭ ئىشى دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا ئەمر قىلغانلىقى، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى بەختكە ئېرىشىشنىڭ يولى دەپ بەلگىلىگەنلىكى ئۇ «مۇجتەھىدلەر»نىڭ نەزىرىدە ھاراملىقىغا يېتەرلىك دەلىل ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولمىغاندا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نىجىس قىلىقمۇ جايىز، شەيتاني ئىشمۇ جايىز، ئاللاھ ساقلىنىڭلار دەپ چەكلىگەن نەرسىمۇ جايىز، بۇنى قىلساڭلار بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭدىن ساقلانساڭلار بەختكە ئېلىپ بارىدۇ دەپ كۆرسەتكەن ئەمەلمۇ جايىز بولۇپ قالامدۇ؟

② ھاراق ۋە قىمارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە دىنىي زىيانلىرىنى چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز. شۇنداق زىيانلىرى بولغاچقا «ھاراق بارلىق جىنايەتلەرنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالغان. قىمارمۇ ئىنساننى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان زىيانلىق بىر قىلمىشتۇر، كۆپ ھاللاردا ئۇ خېلى چوڭ باي ۋە خوجايىنلارنىمۇ پالاكەتكە دۇچار قىلىپ، نامرات ۋە تىلەمچى قىلىپ تاشلايدۇ. ئاللاھ بىزنى بۇ ئىككىسىدىن ساقلىسۇن.

لَيۡسَ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جُنَاحٞ فِيمَا طَعِمُوٓاْ إِذَا
مَا ٱتَّقَواْ وَّءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ ثُمَّ ٱتَّقَواْ وَّءَامَنُواْ ثُمَّ
ٱتَّقَواْ وَّأَحۡسَنُواْۚ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٩٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
لَيَبۡلُوَنَّكُمُ ٱللَّهُ بِشَيۡءٖ مِّنَ ٱلصَّيۡدِ تَنَالُهُۥٓ أَيۡدِيكُمۡ وَرِمَاحُكُمۡ
لِيَعۡلَمَ ٱللَّهُ مَن يَخَافُهُۥ بِٱلۡغَيۡبِۚ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ
عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٩٤﴾

*ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەگەر (ھارامدىن*

***ساقلانسا، ئىماندا چىڭ تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئاندىن (ھارامدىن) داۋاملىق ساقلىنىپ ئىماندا چىڭ تۇرسا، ئاندىن (ھارامدىن) ئىزچىل تولۇق ساقلانسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ (ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى) يېگەن ـ ئىچكەنلىرىدە ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئاللاھ (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ① [93]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! خىلۋەتتە ئاللاھتىن قورقىدىغانلارنى ئايرىش ئۈچۈن② ، ئاللاھ سىلەرنى قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن③ ئوۋلىنىدىغان ئاز ـ تولا ئوۋ بىلەن چوقۇم سىنايدۇ، كىمكى بۇنىڭدىن كېيىن ھەددىدىن ئاشسا (يەنى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا)، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بار [94].***

① ھاراق ھارام قىلىنغاندىن كېيىن بەزى ساھابىلەرنىڭ كاللىسىدا، ئىلگىرى ھاراق ئىچكەن، قىمار ئويناپ تاپقان نەرسىلەرنى يېگەن، كېيىن ئۇرۇشتا شېھىت بولغان ياكى نورمال ۋاپات بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ دېگەن سوئال پەيدا بولغان ئىدى. بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇ چاغدا ھاراق ھارام قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىمان ۋە تەقۋادارلىق ئۈستىدە ۋاپات بولغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

② ئوۋ ئوۋلاش ئەرەبلەرنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئېھرام ھالىتىدە ئوۋ ئوۋلاشتىن چەكلىنىش بىلەن سىنالدى. بولۇپمۇ ھۇدەيبىيەدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئوۋ ساھابىلەرگە يېقىن جايلارغا كېلەتتى، شۇ كۈنلەردە بۇ تۆت ئايەت چۈشتى، ئۇنىڭدا ئوۋغا ئالاقىدار ئەھكاملار بايان قىلىندى.

③ ئادەتتە ئۇلار يېقىن جايدىكى ئوۋ ياكى كىچىك ئوۋلارنى قولى بىلەنلا تۇتىۋالايتتى. يىراقتىكى ئوۋ ياكى چوڭ ئوۋلارغا ئوق ۋە نەيزە ئېتىپلا تۇتقىلى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتتە پەقەت مۇشۇ ئىككى خىل ئەھۋال تىلغا ئېلىندى. لېكىن ئوۋ قانداق نەرسە بولسا بولسۇن، ئۇنى نېمە بىلەن ئوۋلىسۇن، مۇھىمى ئېھرام ھالىتىدە ئوۋلاش مەنئى قىلىندى.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقْتُلُواْ ٱلصَّيْدَ وَأَنتُمْ حُرُمٌۚ وَمَن قَتَلَهُۥ
مِنكُم مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآءٌ مِّثْلُ مَا قَتَلَ مِنَ ٱلنَّعَمِ يَحْكُمُ بِهِۦ ذَوَا
عَدْلٍ مِّنكُمْ هَدْيًۢا بَـٰلِغَ ٱلْكَعْبَةِ أَوْ كَفَّـٰرَةٌ طَعَامُ مَسَـٰكِينَ أَوْ
عَدْلُ ذَٰلِكَ صِيَامًا لِّيَذُوقَ وَبَالَ أَمْرِهِۦۗ عَفَا ٱللَّهُ عَمَّا سَلَفَۚ
وَمَنْ عَادَ فَيَنتَقِمُ ٱللَّهُ مِنْهُۚ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ ذُو ٱنتِقَامٍ ﴿٩٥﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرمەڭلار①. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن②، قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئادىل ئىككى كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە③ ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا تەڭداش كەلگۈدەك④ چارۋىدىن بىرنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر⑤ ياكى كاپارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە تائام بېرىشتۇر ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان تائامنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر⑥. (ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆۋلىغان) بۇرۇنقى گۇناھلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى، كىمكى بۇ گۇناھنى قايتا ئۆتكۈزسە، ئاللاھ ئۇنى جازالايدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر [95].***

① ئىمام شافىئىي بۇنىڭدىن پەقەت گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلغان دەپ ئېلىپ، باشقا ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرسە جايىز دەپ قارايدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار گۆشى يېيىلىدىغان ۋە يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىمايدۇ، بۇ ئايەت ھەر ئىككى خىل ھايۋاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «ھەر ھالەتتە ئۆلتۈرۈش جايىز» دېيىلگەن ھايۋانلار بۇنىڭ سىرتىدا. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: «قاغا، سا، چاشقان، چايان ۋە غالجىر ئىتقا ئوخشاش بەش تۈرلۈك ھايۋاننى ئېھرامدىكى ئادەم ئۆلتۈرسە گۇناھ بولمايدۇ». (سەھىھ مۇسلىم ۋە مۇۋەتتا ئىبنى مالىك)

ھەزرەت نافىئدىن: «يىلانچۇ؟» دەپ سورالغاندا نافىئ: «يىلاننى ئۆلتۈرۈشتە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق» دەپ جاۋاب بەردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئىمام ئەھمەد، ئىمام مالىك ۋە باشقا ئالىملار: بۆرە، يىلپىز،

يولۋاس ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ غالجىر ئىتقا ئوخشاش ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرىدۇ، بۇلارنى ئېھرام ھالىتىدىمۇ ئۆلتۈرۈش جايىز، دەپ قارايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② «قەستەن» دېگەن سۆزنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، بەزى ئۆلىمالار: نىيەت قىلماستىن سەۋەنلىك بىلەن (يەنى يادىدا يوق) ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭغا فىدىيە كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرسىمۇ فىدىيە بېرىش ۋاجىپ دەپ قارايدۇ. قەستەن دەپ قەيت قىلىش كۆپىنچە يۈز بېرىدىغان ئەھۋالغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرتى ئەمەس.

③ ئۇۋدا ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانغا باراۋەر كېلىدىغان ھايۋان ئۇنىڭ ئوخشىشىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئوخشىشى ياكى باراۋەر كېلىدىغان ھايۋان تېپىلمىسا، ئۇنىڭ قىممىتى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا ئاشلىق سېتىۋېلىپ، مەككىنىڭ پېقىر-مىسكىنلىرىدىن ھەربىرىگە بىر مۇدتىن تەقسىم قىلىپ بېرىش كېرەك. ھەنەفىي ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا كۆرە بىر مىسكىنگە ئىككى مۇد بېرىلىدۇ. (بىر مۇد 600 گىرامغا يېقىن)

④ «ئۆلتۈرۈلگەن ئۇۋغا تەڭداش» دېگەندە قەددى-قامەتتە باراۋەر بولۇش دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قىممىتى ئوخشاش بولسۇن دېگەنلىك ئەمەس. مەسىلەن: ئەگەر بىر كىيىكنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئوخشىشى (تەڭداش ۋە باراۋەر كېلىدىغىنى) بىر ئۆچكە؛ كالىنىڭ ئوخشىشى سۇ كالىسى ياكى شۇنىڭغا تەڭداش چارۋىلاردۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا باراۋەر كېلىدىغان ھايۋان تېپىلمىسا، ئۇنىڭ قىممىتىنى فىدىيە سۈپىتىدە مەككىگە يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك.

⑤ فىدىيە بېرىلىدىغان مال ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى كەئبىگە يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك. كەئبە دېمەك ھەرەم دېمەكتۇر. (فەتھۇلقەدىر). يەنى ئۇنى ھەرەم مەككىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان مىسكىنلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىش كېرەك.

⑥ بۇ يەردە كەلگەن «ياكى» تاللاش ئۈچۈندۇر. يەنى كاپارەت مىسكىنگە تاماق بېرىش بولسۇن ياكى روزا تۇتۇش بولسۇن، ئىككىسىدىن قايسىبىرىنى تاللاپ قىلسا جايىزدۇر. ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، بېرىلىدىغان تاماقمۇ ۋە روزا تۇتىدىغان

كۆنلەرمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ئېھراملىق كىشى ئۆز ئۆۋلىسا، ئۆۋلانغان ھايۋاننىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىگە قاراپ تۆلەم تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىيىك ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان كىچىك ھايۋان بولسا ئورنىغا مەككىگە بىر قوي ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلىشى، قوي تاپالمىسا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىگە ئاساسەن ئالتە مىسكىنگە تاماق بېرىشى، ئۇنىمۇ قىلالمىسا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك. ئەگەر ئۆۋلانغان ھايۋان قوتازغا ئوخشاش چوڭ ھايۋان بولسا، ئۇنىڭ تۆلەم-كاپارىتى ئۈچۈن بىر كالا بوغۇزلىشى، كالا تاپالمىسا يىگىرمە مىسكىنگە تاماق بېرىشى، ئۇنىمۇ قىلالمىسا يىگىرمە كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك. ئۆۋلانغان ھايۋان تۆگە قۇشى ياكى قۇلان (ياۋا ئېشەك)دەك چوڭ ھايۋان بولسا، ئۇنىڭ تۆلەم-كاپارىتى ئۈچۈن بىر تۆگە بوغۇزلىشى، ئۇنى تاپالمىسا ئوتتۇز مىسكىنگە تاماق بېرىشى، ئۇنىمۇ قىلالمىسا 30 كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

أُحِلَّ لَكُمْ صَيْدُ ٱلْبَحْرِ وَطَعَامُهُۥ مَتَٰعًا لَّكُمْ وَلِلسَّيَّارَةِ ۖ وَحُرِّمَ
عَلَيْكُمْ صَيْدُ ٱلْبَرِّ مَا دُمْتُمْ حُرُمًا ۗ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ٱلَّذِىٓ إِلَيْهِ
تُحْشَرُونَ ﴿٩٦﴾ ۞ جَعَلَ ٱللَّهُ ٱلْكَعْبَةَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ قِيَٰمًا لِّلنَّاسِ
وَٱلشَّهْرَ ٱلْحَرَامَ وَٱلْهَدْىَ وَٱلْقَلَٰٓئِدَ ۚ ذَٰلِكَ لِتَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا
فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ وَأَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٩٧﴾

*سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرىنى تۇتۇش ۋە ئۇلارنى يېيىش ھالال قىلىندى①، سىلەر ئېھرامدا بولغان ۋاقتىڭلاردا، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئۆۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى، سىلەر (قىيامەت كۈنى) دەرگاھىغا توپلىنىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار [96]. ئاللاھ ھۆرمەتلىك ئۆي كەئبىنى (ئامان جاي قىلىش بىلەن)، ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلارنى (بۇ ئايلاردا ئۇرۇشنى ھارام قىلىش بىلەن)، ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان چارۋىلارنى ۋە بويۇنچۇقلارنى (يەنى قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە بويۇنلىرىغا بويۇنچۇق ئېسىلغان چارۋىلارغا چېقىلىشنى ھارام قىلىش بىلەن) ئىنسانلار (نىڭ دۇنيا*

***ۋە ئاخىرەتلىك) ئىشلىرىنىڭ تۇتقۇسى قىلدى (يەنى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن قولايلىق ھەم پايدىلىق قىلىپ بەردى)② . بۇ ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەر شەيئىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى سىلەرنىڭ بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر [97].***

① «دېڭىز ھايۋانلىرى» دېگەندە دېڭىزدىن تىرىك تۇتۇلغان ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر» دېگەندە دېڭىز ۋە دەريا ھايۋانلىرى، ئۆلۈك ھالەتتە سۇ يۈزىگە لەيلەپ قالغان بېلىق ۋە باشقا جانلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە، دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرى ھالالدۇر. (تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن تەپسىر ئىبنى كەسىر، نەيلۇلئەۋتار قاتارلىق كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن)

② كەئبىنى ﴿الْبَيْتَ الْحَرَامَ﴾ «بەيتۇلھەرەم» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەرەمنىڭ چېگراسى ئىچىدە ئوۋ ئوۋلاش، قان تۆكۈش ۋە دەرەخلەرنى كېسىش قاتارلىقلار ھارامدۇر. ھەتتا ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشى ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ھەرەمدە كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا چېقىلمايتتى. ئەنە شۇ كەئبىنى ئاللاھ تائالا ﴿قِيَامًا لِّلنَّاسِ﴾ «ئىنسانلار ئۈچۈن قولايلىق ۋە پايدىلىق قىلىپ بەردى». ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى ئاللاھ تائالا ھەرەمنى كىشىلەر ئولتۇراقلىشىدىغان ۋە چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئامان جاي قىلىپ بەردى. يەنى بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن مەككە ئەھلىنىڭ قانۇن-نىزام ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرى جايىدا بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرى ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىمۇ تولۇقلىنىدۇ. ئومۇمەن ھەرەمدە ئىنسانلارنىڭ ئىبادەت ۋە تىرىكچىلىك ئىشلىرى قولاي بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلار يەنى (رەجەب، زۇلقەئىدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم) ئايلىرىدا ئۇرۇش ھارام قىلىنغانلىقتىن ئەمىنلىك بولىدۇ ۋە بويۇنلىرىغا بويۇنچۇق ئېسىلىپ، ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلىپ قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللارمۇ ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا مەنپەئەتكە، ئاخىرەتتە ساۋابقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەككە ئەھلى ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن پايدا ئېلىپ كېلىدۇ.

ٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ وَأَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٩٨﴾ مَّا عَلَى
ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُۗ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تُبۡدُونَ وَمَا تَكۡتُمُونَ ﴿٩٩﴾ قُل لَّا
يَسۡتَوِي ٱلۡخَبِيثُ وَٱلطَّيِّبُ وَلَوۡ أَعۡجَبَكَ كَثۡرَةُ ٱلۡخَبِيثِۚ فَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٠٠﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا
تَسۡـَٔلُواْ عَنۡ أَشۡيَآءَ إِن تُبۡدَ لَكُمۡ تَسُؤۡكُمۡ وَإِن تَسۡـَٔلُواْ عَنۡهَا حِينَ
يُنَزَّلُ ٱلۡقُرۡءَانُ تُبۡدَ لَكُمۡ عَفَا ٱللَّهُ عَنۡهَاۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٞ ﴿١٠١﴾
قَدۡ سَأَلَهَا قَوۡمٞ مِّن قَبۡلِكُمۡ ثُمَّ أَصۡبَحُواْ بِهَا كَٰفِرِينَ ﴿١٠٢﴾

**بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئازابى قاتتىق زاتتۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر *[98]*. پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت (دىنىنى) يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ *[99]*. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «گەرچە ناپاك نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى① سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ناپاك بىلەن پاك باراۋەر بولالمايدۇ. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار *[100]*. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاشكارا قىلىنسا (يەنى جاۋاب بېرىلسە) سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (سوئال) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە (ھۆكمى) بىلدۈرۈلىدۇ②. ئاللاھ (بۇنىڭدىن بۇرۇن سورىغانلىرىڭلارنى) كەچۈرۈۋەتتى. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر *[101]*. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قەۋم (پەيغەمبىرىدىن) شۇنداق مەسىلىلەرنى سورىغان ئىدى، (جاۋاب بېرىلگەندىن) كېيىن ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلغۇچى بولدى③ *[102]*.**

① ﴿الخَبِيْثُ﴾ (ناپاك) دېگەن ھارام، ياكى كاپىر، گۇناھكار ياكى ناچار نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿الطَّيِّبُ﴾ (پاك) دېگەن ھالال ياكى مۇئمىن، ئىتائەتمەن ياكى ياخشى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ھەر قانداق نەرسىدە «خُبْثٌ» (ناپاكلىق) بولسا، مەيلى ئۇ كۇفرىلىق ياكى پاسىقلىق بولسۇن،

مەيلى ئۇ سۆز-ھەرىكەت بولسۇن، ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ پاكلىققا باراۋەر بولالمايدۇ. بۇ ئىككى نەرسە ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ. ناپاكلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ مەنپەئەتى ۋە بەرىكىتى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە قانداق ئىشتا پاكلىق بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى ۋە بەرىكىتى زىيادە بولىدۇ.

② بۇ چەكلىمە قۇرئان چۈشۈۋاتقان ۋاقىتلاردا كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى كۆپ سوئال سوراشتىن چەكلەيتتى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مۇسۇلمانلار ئىچىدە گۇناھى ئېغىرراق ھېسابلىنىدىغان كىشى ھارام قىلىنمىغان بىر نەرسە توغرىسىدا ئورۇنسىز سوئال سوراپ، شۇ سوئالنىڭ سەۋەبىدىن سورىغان نەرسىسى ھارام قىلىنىپ قالغان كىشىدۇر». (سەھىھۇل بۇخارى ھەدىس-7289، سەھىھ مۇسلىم 2358-ھەدىس)

③ دېمەك، بۇ خاتالىق سىلەردىنمۇ سادىر بولۇپ قالمىسۇن! ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە ھەج پەرز قىلىندى، دېدى. بىر كىشى: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھەر يىلىمۇ؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمەي جىم تۇرىۋالدى. ئۇ كىشى يەنە سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ياق، ئەگەر مەن ھەئە دېسەم، سىلەرگە ھەر يىلى ھەج قىلىش پەرز بولۇپ قالاتتى، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ھەر يىلى ھەج قىلىش سىلەر ئۈچۈن مۇمكىن بولمايتتى› دەپ جاۋاب بەردى». (سەھىھ مۇسلىم 1337-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 1-توم، 255-بەت، سۇنەنى ئەبى داۋۇد 1721-ھەدىس، سۇنەنى نەسائى 2620-ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە 2885-ھەدىس). شۇ ۋەجىدىن بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، «ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى» دېگەن سۆزدىن ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا تىلغا ئالمىغان نەرسىلەرنىڭ ئەپۇ قىلىنغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ، شۇڭا ئاللاھ تائالا سۈكۈت قىلغان نەرسىدىن سۈكۈت قىلىش كېرەك. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇقۇمنى تېخىمۇ ئۈچۈق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە بايان قىلمىغان نەرسىلەر ھەققىدە سوئال سورىماڭلار. سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر تولا سوئال سورىغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلىرى بىلەن قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن». (سەھىھ مۇسلىم 1337-ھەدىس)

مَا جَعَلَ ٱللَّهُ مِنۢ بَحِيرَةٖ وَلَا سَآئِبَةٖ وَلَا وَصِيلَةٖ وَلَا حَامٖ وَلَٰكِنَّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَۖ وَأَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡقِلُونَ ﴿١٠٣﴾

***بەھىرە، سائىبە، ۋەسىلە، ھام① ناملىق تۆگىلەرنىڭ ھېچبىرىنى (بۇتلارغا ئاتاشنى) ئاللاھ بۇيرۇغان ئەمەس، لېكىن كاپىرلار ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ [103].***

① بۇ ئەرەبلەرنىڭ بۇتلىرىغا ئاتاپ نەزىر ۋە قۇربانلىق قىلىدىغان ماللىرىنىڭ تۈرلىرىدۇر. ئۇ ماللار تەپسىرلەردە ھەرخىل چۈشەندۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ شەرھىسى ھەققىدە ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿ بَحِيرَةٖ﴾ دېگەن بۇتلارغا ئاتاپ، سۈتىنى ساغماي قالدۇرۇلغان تۆگىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ھېچكىم ساغمايتتى. ﴿ سَآئِبَةٖ﴾ دېگەن بۇتلارغا ئاتاپ باغلىماي قويۇۋېتىلگەن تۆگىلەر بولۇپ، ئۇلارغا ھېچكىم يۈك ئارتمايتتى، مىنمەيتتى. ﴿ وَصِيلَةٖ﴾ دېگەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى چىشى بوتىلاق تۇغقان (ئارىلىقتا ئەركەك تۇغمىغان) تۆگىلەر بولۇپ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەر ئۇلارنى ئىلاھلىرىغا ئاتاپ ئەركىن قويۇپ بېرەتتى. ﴿ حَامٖ﴾ بىر نەچچە قېتىم بوتىلاق تاپقان (نەسلى كۆپ بولغان) ئەركەك تۆگىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئەرەبلەر ئىلاھلىرىغا ئاتاپ ئەركىن قويۇپ بېرەتتى. ئۇلارغا ھېچقانداق يۈك ئارتمايتتى ھەم مىنمەيتتى. تۇنجى قېتىم تۆگىلەرنى بۇتلارغا ئاتاپ ئەركىن قويۇۋېتىشنى باشلاپ بەرگەن ۋە بۇتقا ئىبادەت قىلغان كىشى ئەمرۇ ئىبنى ئامىر خۇزائى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمرۇ ئىبنى ئامىرنىڭ دوزاختا ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ تۇنجى بولۇپ «سائىبە»نى قويۇۋەتكەن كىشى ئىدى». (سەھىھۇل بۇخارى 4623 ـ ھەدىس)

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھايۋانلارنى مەزكۇر ئۇسۇل بويىچە ئىشلىتىشكە بۇيرىمىغانلىقىنى ۋە ئۇنداق بىر ئىبادەت ئۇسۇلىنى يولغا قويمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى بارلىق نەزىر قىلىپ ئاتاش ۋە قۇربانلىقلار پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش مۇشرىكلار ئويدۇرۇپ چىقارغان ئىشلاردۇر. بۇتلارغا ۋە باتىل مەبۇدلارنىڭ نامىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ۋە ماللارنى شۇلارغا ئاتاپ ساقلاش

قاتارلىق يامان ئادەتلەر ھازىرقى دەۋردىكى مۇشرىكلاردىمۇ ھەتتا بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردىمۇ (چارۋىلارنى مازارلارغا ئاپىرىپ ئۆلۈكلەرنىڭ نامىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش) مەۋجۇت. ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْاْ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ قَالُواْ حَسْبُنَا مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۚ أَوَلَوْ كَانَ ءَابَآؤُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَهْتَدُونَ ﴿١٠٤﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ عَلَيْكُمْ أَنفُسَكُمْ ۖ لَا يَضُرُّكُم مَّن ضَلَّ إِذَا ٱهْتَدَيْتُمْ ۚ إِلَى ٱللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٠٥﴾

***ئۇلارغا ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا، پەيغەمبەر (بايان قىلغان ھۆكۈم)گە كېلىڭلار (يەنى ئەگىشىڭلار) دېيىلسە، ئۇلار: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھېچنەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (يەنىلا شۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشەمدۇ؟) [104] ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر (ئۆزۈڭلارنى (گۇناھتىن) ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا ماڭساڭلار، توغرا يولدىن ئاداشقانلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ①. سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھ قىلغان ئەمەلىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ [105].***

① بۇ ئايەتنىڭ زاھىرىي ئىبارىسىگە قاراپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ زېھنىدە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلساقلا يېتەرلىك، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش زۆرۈر ئەمەسكەن دېگەن خاتا چۈشەنچە پەيدا بولغان، بۇنداق چۈشەنچە توغرا ئەمەس، چۈنكى (ئەمرى-مەئرۇف) ياخشىلىققا بۇيرۇشمۇ ناھايىتى مۇھىم پەرزدۇر. ئەگەر بىر مۇسۇلمان بۇ پەرزنى تەرك ئەتسە، ئۇ قانداقمۇ توغرا يولدا بولغان بولىدۇ؟ قۇرئان كەرىم ﴿سىلەر قاچانكى توغرا يولدا ماڭساڭلار﴾ دېگەننى شەرت قىلغان

تۇرسا. شۇڭا بۇ خاتا چۈشەنچە ئەبۇ بەكر سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەر بۇ ئايەتنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىلەر، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹كىشىلەر بىر يامان ئىشنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزگەرتمىسە، پات-يېقىندا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىنى جازالايدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم». (مۇسنەدى ئەھمەد 1-توم، 5-بەت، سۈنەنى تىرمىزى 2168-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4338-ھەدىس) دېمەك، ئايەتنىڭ توغرا مەنىسى شۇكى، ئەگەر كىشىلەر سېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىڭگە قۇلاق سالماي، توغرا يولغا قايتمىسا ياكى يامانلىقتىن قول ئۈزمىسە، سەن ئۆزۈڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامانلىقتىن يىراق تۇرساڭلا، ئۇلارنىڭ قىلمىشى ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت ئىنساننىڭ قۇدرىتى يەتمىگەن ۋە جېنىغا خەتەر ئېلىپ كېلىدىغان ھالەتتىلا ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك قىلىش جايىز بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا «ئەگەر قولى بىلەن تۈزىتىشكە قادىر بولالمىسا، قەلبى بىلەن تۈزەتسۇن ‹يەنى ئۇنى قەلبىدە ئىنكار قىلسۇن، ئىچىدە نارازى بولۇپ، قۇدرىتى يەتكەندە تۈزىتىشكە ئىرادە باغلىسۇن›، بۇ ‹يامان ئىشنى تۈزىتىشتىكى› ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر» دېگەن ھەدىستىكى تۆۋەن ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولىدۇ. بۇ ئايەتمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋالغا قارىتىلغان.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ شَهَٰدَةُ بَيۡنِكُمۡ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ
حِينَ ٱلۡوَصِيَّةِ ٱثۡنَانِ ذَوَا عَدۡلٖ مِّنكُمۡ أَوۡ ءَاخَرَانِ مِنۡ غَيۡرِكُمۡ إِنۡ
أَنتُمۡ ضَرَبۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَأَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةُ ٱلۡمَوۡتِۚ تَحۡبِسُونَهُمَا
مِنۢ بَعۡدِ ٱلصَّلَوٰةِ فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ لَا نَشۡتَرِي بِهِۦ ثَمَنٗا
وَلَوۡ كَانَ ذَا قُرۡبَىٰ وَلَا نَكۡتُمُ شَهَٰدَةَ ٱللَّهِ إِنَّآ إِذٗا لَّمِنَ ٱلۡأٓثِمِينَ ١٠٦
فَإِنۡ عُثِرَ عَلَىٰٓ أَنَّهُمَا ٱسۡتَحَقَّآ إِثۡمٗا فَـَٔاخَرَانِ يَقُومَانِ مَقَامَهُمَا مِنَ
ٱلَّذِينَ ٱسۡتَحَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَوۡلَيَٰنِ فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ لَشَهَٰدَتُنَآ أَحَقُّ
مِن شَهَٰدَتِهِمَا وَمَا ٱعۡتَدَيۡنَآ إِنَّآ إِذٗا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٠٧

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىچىڭلاردىن بىرى ئۆلىدىغان چېغىدا***

*ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن①، ياكى سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلسە②، (ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھچى تېپىلمىسا) باشقا دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن. ئەگەر سىلەر (باشقا دىندىكى بۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: (بىز گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئاشۇ كىشىلەر) «بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز③، ئاللاھ (رازىلىقى) ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن [106]. ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە④، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن⑤ ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: «بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن [107].*

① بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، «ئىچىڭلاردىن» دېمەك، سىلەر مۇسۇلمانلاردىن بولغان دېگەنلىكتۇر. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ قەبىلىسىدىن دېگەنلىكتۇر. «باشقا دىندىكىلەردىن» دېگەن سۆزنىڭمۇ ئىككى خىل مەنىسى بولىدۇ: مۇسۇلمان ئەمەس (ئەھلى كىتاب) كىشىلەر ياكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ قەبىلىسىدىن باشقا بىر قەبىلىدىن بولغان كىشىلەر.

② يەنى سەپەردە ئېغىر كېسەل بولۇپ، ھاياتىدىن ئۈمىد قالمىغان ئەھۋالدا، ئىككى ئادىل كىشىنى گۇۋاھ قىلىپ، ۋەسىيەت قىلسا بولىدۇ.

③ ۋاپات بولغۇچى يەنى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ۋارىسلىرى گۇۋاھچىلارنىڭ خىيانەت قىلغانلىقى ياكى ۋەسىيەتنى ئۆزگەرتكەنلىكىدىن گۇمان قىلسا، ئۇلارنى نامازدىن كېيىن يەنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلدۇرسۇن. گۇۋاھچىلار: «بىز قەسەم قىلىش ئارقىلىق ھېچقانداق دۇنيا

مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى كۆزلىمەيمىز» يەنى يالغان قەسەم قىلمايمىز دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن.

④ بۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ يالغان قەسەم قىلغانلىقى بىلىنسە.

⑤ ﴿ٱلۡأَوۡلَيَٰنِ﴾ دېگەن "أولى" نىڭ ئىككىلىك شەكلى بولۇپ، مېيىت يەنى (ۋەسىيەت قىلغۇچى)غا ئەڭ يېقىن ئىككى تۇغقاننى كۆرسىتىدۇ. «مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلار» دېگەن يالغان قەسەمنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ، ئېرىشمەكچى بولغان مىراسى كەملەپ كەتكەنلەردۇر. مەزكۇر تۇغقانلاردىن ئىككى كىشى ئۇلارنىڭ يالغان قەسەملىرىگە قارشى قەسەم قىلسۇن.

ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن يَأۡتُواْ بِٱلشَّهَٰدَةِ عَلَىٰ وَجۡهِهَآ أَوۡ يَخَافُوٓاْ أَن تُرَدَّ أَيۡمَٰنُۢ
بَعۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱسۡمَعُواْۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿١٠٨﴾ ۞ يَوۡمَ يَجۡمَعُ ٱللَّهُ ٱلرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَآ أُجِبۡتُمۡۖ قَالُواْ
لَا عِلۡمَ لَنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلۡغُيُوبِ ﴿١٠٩﴾

***بۇ (ئۇسۇل) گۇۋاھچىلارنى ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق بېرىدىغان قىلىشقا، قىلغان قەسەمنىڭ (ۋارىسلارنىڭ قەسەمى بىلەن) رەت قىلىنىشىدىن قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ يېقىندۇر①. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قۇلاق سېلىڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [108]. (ئى ئىنسانلار! قىيامەت كۈنىنى ئۇنتۇماڭلاركى) ئاللاھ ئۇ كۈندە پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «سىلەر (قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلاردىن) قانداق جاۋابقا ئىگە بولغان ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «(سەن بىلدۈرگەندىن باشقا) بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز②، شەكسىزكى، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىسەن» دەيدۇ [109].***

① بۇ مەزكۇر ھۆكۈم ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇسۇلنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىسى بۇ ئايەتتە بايان قىلىنىدى. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق گۇۋاھچىلارنى توغرا گۇۋاھلىق بېرىشكە مەجبۇرلىغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار: ئەگەر

ئامانەتكە خىيانەت قىلساق ياكى ۋەسىيەتنى ئۆزگەرتسەك، مىراس ئىگىلىرى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بىزگە قارشى قەسەم قىلسا، قەسەملىرىمىز رەت قىلىنىدۇ، دەپ قورقىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە ھەدىستە مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. بەنۇ سەھمى قەبىلىسىنىڭ بىر ئادىمى تەمىم دارى ۋە ئەدى ئىبنى بەدا دېگەن ئىككى كىشى بىلەن سەپەرگە چىقىدۇ، سەھمى سەپەردە ۋاپات بولىدۇ، ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار يوق ئىدى، (ئۇنىڭ مەزكۇر ئىككى ھەمراھى خرىستىئان ئىدى) بۇ ئىككىسى ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى ئېلىپ كېلىپ، ۋارىسلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، (مال-مۈلۈكنىڭ ئارىسىدىن ماللارنىڭ تىزىملىكى خاتىرلەنگەن بىر ۋاراقچە چىقىدۇ، ئۇنىڭدا بىر كۈمۈش پىيالىنىڭمۇ بارلىقى يېزىلغان ئىدى، لېكىن مال-مۈلۈكنىڭ ئارىسىدىن كۈمۈش پىيالە تېپىلمايدۇ.) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۇ ئىككىسىدىن قەسەم قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، (ئۇ ئىككىسى يالغان قەسەم قىلىدۇ) كېيىن سەھمىنىڭ ۋارىسلىرى ئۇ پىيالىنى مەككىدە بىر كىشىنىڭ قولىدا كۆرۈپ قالىدۇ، سۈرۈشتە قىلغاندا ئۇ كىشى پىيالىنى تەمىم ۋە ئەدىدىن سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ، نەتىجىدە سەھمىنىڭ جەمەتىدىن ئىككى كىشى قەسەم ئىچىپ، ئۇ پىيالە سەھمىنىڭ ۋارىسلىرىغا ئائىت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى (غەيرى مۇسۇلمانىنىڭ) گۇۋاھلىقىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پىيالىنىڭ پۇلىنى ئۇلاردىن ئالىدۇ. ئۇلار ھەققىدە بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 2780-ھەدىس) ئەسلىدە سەھمىنىڭ ئىسمى بەدىل ئىبنى ئەبى مەريەم (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بولۇپ، ئۇلۇش ئالدىدا، ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ۋە بىر كۈمۈش پىيالىنى ئىككى خرىستىئان ھەمراھىغا بېرىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىپ ۋاپات بولىدۇ. بۇ ئىككى خرىستىئان يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۈمۈش پىيالىنى سېتىپ، پۇلىنى ئۆزئارا بۆلۈشۈپ، يانچۇقلىرىغا سالىدۇ، قالغان ماللارنى مىراسخورلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. (بۇ سۇنەنى تىرمىزى 3059-ھەدىستە مۇپەسسەل بايان قىلىنغان)

② پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىگە قەۋملىرىنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى ۋە ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. لېكىن بۇ ھەقتە پەيغەمبەرلەردىن سورالغاندا، ئۇلارنىڭ «بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىنىڭ سەۋەبى مەھشەر كۈنىنىڭ دەھشىتى

ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ياكى ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى قەۋملىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق غەيبىي ئىشلارنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلگۈچى بولغانلىقتىندۇر. شۇڭا پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالاغا: «شەكسىزكى، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىسەن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەرلەر غەيبلەرنى بىلگۈچى ئەمەستۇر، غەيبنى بىلگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىدۇر. پەيغەمبەرلەرگە قانچىلىك ئىلىم بېرىلگەن بولسا، ئۇ ئىلىم: بىرىنچىدىن، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا زۆرۈر بولغان ئىلىمدۇر. ئىككىنچىدىن، بۇ ئىلىممۇ ئۇلارغا پەقەت ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەندۇر. ۋەھالەنكى غەيبنى بىلگۈچى دېگەن ھەممە نەرسىنى شەخسەن ئۆزى بىلىدىغان بولىدۇ، ئۇ ئالىمۇلغەيب دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىلار دەپ بەرگەننى سۆزلىگەن غەيبنى بىلگۈچى بولمايدۇ، ھەم غەيبنى بىلگۈچى دەپ ئاتالمايدۇ.) چۈشەنگىن، تەپەككۇر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن)

إِذْ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱذْكُرْ نِعْمَتِى عَلَيْكَ وَعَلَىٰ وَٰلِدَتِكَ
إِذْ أَيَّدتُّكَ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ تُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِى ٱلْمَهْدِ وَكَهْلًاۖ وَإِذْ
عَلَّمْتُكَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَۖ وَإِذْ تَخْلُقُ مِنَ
ٱلطِّينِ كَهَيْـَٔةِ ٱلطَّيْرِ بِإِذْنِى فَتَنفُخُ فِيهَا فَتَكُونُ طَيْرًۢا بِإِذْنِىۖ
وَتُبْرِئُ ٱلْأَكْمَهَ وَٱلْأَبْرَصَ بِإِذْنِىۖ وَإِذْ تُخْرِجُ ٱلْمَوْتَىٰ بِإِذْنِىۖ وَإِذْ
كَفَفْتُ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَنكَ إِذْ جِئْتَهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَقَالَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ مِنْهُمْ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿١١٠﴾

***شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل)① بىلەن مەدەت بەرگەن ئىدىم، (كىچىككىنىدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرچە) سۆزلەيتتىڭ② ، شۇ چاغدا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى***

***بىلدۈرگەن ئىدىم③، شۇ چاغدا مېنىڭ ئىرادەم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياساپ، ئۇنى پۈۋلىسەڭ، ئۇ مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، سەن مېنىڭ ئىرادەم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ؛ شۇ چاغدا، مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىردىن) چىقىراتتىڭ④؛ ئۇ چاغدا مەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ساڭا چېقىلىشتىن توسقان ئىدىم⑤، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېگەن ئىدى⑥ [110].***

① «روھۇلقۇدۇس» جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ شەرھىسى سۈرە بەقەرەنىڭ 87-ئايىتىدە تىلغا ئېلىنىدى.

② «بۆشۈكتە» سۆزلىگەنلىكى شۇكى، ئۇ ۋاقىتتا مەريەم يېڭىدىن تۇغقان بالىسىنى كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇلار بالىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە بۇۋاق ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىدى، دەل شۇ چاغدا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام بۇۋاق ھالىتىدە سۆزلىدى. «ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا» سۆزلىگەنلىكى دېگەندە پەيغەمبەرلىك كەلگەندە دەۋەت-تەبلىغ قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ بۇ نۇقتا سۈرە ئال ئىمراننىڭ 48-ئايىتىدە شەرھلەندى.

④ بۇ مۆجىزىلەرمۇ مەزكۇر سۈرىنىڭ 49-ئايىتىدە بايان قىلىندى.

⑤ بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ ئۇز ۋاقتىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈپ، دارغا ئاسماقچى بولغان سۇيىقەستىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. (سۈرە ئال ئىمران 54-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

⑥ ھەر پەيغەمبەرنىڭ ئىنكارچىلىرى ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ، بۇ سېھىردۇر، دېدى. ھالبۇكى، سېھىر دېگەن جادۇگەرلەرنىڭ بىر ھۈنىرى تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قانداقمۇ ئالاقىسى بولسۇن؟ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر قادىرى-مۇتلەق ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. چۈنكى ئۇ مۆجىزىلەر

ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى، قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ھېچقانداق بىر پەيغەمبەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بولماستىن ئۆز ئالدىغا مۆجىزە كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتكە قارايدىغان بولساق، ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر مۆجىزىسى بىلەن «مېنىڭ ئىرادەم بىلەن قىلدىڭ» دېگەن جۈملىنى تۆت قېتىم تىلغا ئالغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. شۇ سەۋەبتىن ئۆز ۋاقتىدا مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەرخىل مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلارغا: ﴿ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)﴾ دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ نۇقتا سۈرە ئىسرا 91-93-ئايەتلەردە تەپسىلى چۈشەندۈرۈلگەن، (يەنى مېنىڭ رەببىم كەمچىللىكتىن پاك، مۆجىزە كۆرسىتەلمەسلىكتەك ئاجىزلىقتىن پاكتۇر، ئۇ مۆجىزە كۆرسىتەلەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى ھازىر مۆجىزىنى تەقەززا قىلامدۇ-يوق؟ قاچان تەقەززا قىلىدۇ؟ بۇنى رەببىم ئۆزى بىلىدۇ، ئۇ ئۆزى ئەھۋالغا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ، مەن بولسام بىر ئىنسان، بىر ئەلچىمەن) يەنى مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا مۆجىزە كۆرسىتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرىتىم يوق.

دېمەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن سېھىرگەرلىكنىڭ ھېچ ئالاقىسى يوق. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، سېھىرگەرلەر ئۇنى پاش قىلغان بولاتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى شۇنى ئىسپاتلىدى. دۇنيادىكى بارلىق سېھىرگەرلەر بىرلىشىپ، ئۇنىڭ مۆجىزىسىنى يېڭەلمىدى. ئۇلارغا سېھىرگەرلىك بىلەن مۆجىزىنىڭ پەرقى ئايان بولغاندا، دەرھال مۇسۇلمان بولدى.

وَإِذْ أَوْحَيْتُ إِلَى ٱلْحَوَارِيِّـۧنَ أَنْ ءَامِنُوا۟ بِى وَبِرَسُولِى قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَٱشْهَدْ بِأَنَّنَا مُسْلِمُونَ ﴿١١١﴾ إِذْ قَالَ ٱلْحَوَارِيُّونَ يَـٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ هَلْ يَسْتَطِيعُ رَبُّكَ أَن يُنَزِّلَ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ۖ قَالَ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١١٢﴾

*ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا①: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە*

***ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلغان ئىدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، سەن بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزغا گۇۋاھ بولغىن» دېگەن ئىدى [111]. ئۆز ۋاقتىدا ھەۋارىيلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟»② دېدى. ئىيسا (ئۇلارغا): «ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولساڭلار (مۇنداق سوئاللارنى قويۇشتا) ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن ئىدى③ [112].***

① «ھەۋارىيلار» ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ئەگەشكۈچىلەر ۋە ياردەمچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 12 ئىدى. بۇ يەردىكى ۋەھيي پەرىشتىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە چۈشىدىغان ۋەھيي ئەمەس، بەلكى بۇ ئىلھامدۇر. بۇ خىل ئىلھام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەزى بەندىلەرنىڭ دىللىرىغا تاشلىنىدۇ يەنى دىللىرىدا پەيدا قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مەريەمگە مۇشۇ خىلدىكى ئىلھام كەلگەن بولۇپ، ئۇنى قۇرئان كەرىم ۋەھيي دەپ ئاتىغان. دېمەك بۇ يەردىكى ۋەھيي ئىلھام مەنىسىدە كەلگەن. ئەمما ئۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى ۋەھيي دەيدىغانلار، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مەريەم پەيغەمبەرلەردىن ئىدى. چۈنكى ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيي كېلەتتى دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ﴿ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلغان ئىدىم﴾ دېگەن ئايەتتىكىدەك ئىلھامىي ۋەھيي ئىدى. ئەلچىلىك ۋەھيىسى ئەمەس.

② ﴿ مَآئِدَةً﴾ دېگەن تاماق تىزىلغان لىگەن (پەتنۇس، تاختا) دېمەكتۇر. ئۇنى داستىخان دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا تائاملار بولىدۇ. داستىخان تىلغا ئېلىنغانلىقتىن بۇ سۈرىنىڭ ئىسمىمۇ «سۈرە مائىدە (داستىخان سۈرىسى)» دەپ ئاتالغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغاندەك، ھەۋارىيلارمۇ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئاسماندىن داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

③ يەنى بۇنداق سوئالنى سورىماڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن بىر سىناق

بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. تەلەپ قىلىنغان مۆجىزە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا سۇسلۇق قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولۇپ قالىسىلەر. شۇ سەۋەبتىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇنداق تەلەپتىن توستى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى.

قَالُواْ نُرِيدُ أَن نَّأۡكُلَ مِنۡهَا وَتَطۡمَئِنَّ قُلُوبُنَا وَنَعۡلَمَ أَن قَدۡ صَدَقۡتَنَا وَنَكُونَ عَلَيۡهَا مِنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿١١٣﴾ قَالَ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ ٱللَّهُمَّ رَبَّنَآ أَنزِلۡ عَلَيۡنَا مَآئِدَةٗ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ تَكُونُ لَنَا عِيدٗا لِّأَوَّلِنَا وَءَاخِرِنَا وَءَايَةٗ مِّنكَۖ وَٱرۡزُقۡنَا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١٤﴾

***ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، (شۇ ئارقىلىق) كۆڭلىمىزنىڭ ئارام تېپىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىن بولۇشنى خالايمىز» دېگەن ئىدى [113]. مەريەم ئوغلى ئىيسا: «ئى رەببىمىز ئاللاھ! بىزگە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىنكى، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن①، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (ئاتا قىلىنغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن ھەقىقەتەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دېدى [114].***

① ئىسلامي شەرىئەتلەردە ھېيت-بايرامنىڭ مەنىسى، ھازىر كىشىلەر خاتا چۈشىنىۋالغاندەك، ھېيت كۈنىدە بارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ئەخلاقىي چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ياۋايى ئادەملەردەك خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىش، شاملارنى يېقىپ، پوجاڭزىلارنى ئېتىش دېگەنلىك ئەمەس. كىشىلەر چۈشەنمەستىن ئاشۇنداق ھېيت ئۆتكۈزمەكتە.

بەلكى، ساماۋى شەرىئەتلەردە ھېيت بىر مىللىي ئىجتىمائىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى مەقسىتى شۇكى، ھېيت كۈنى پۈتۈن مىللەت ئىجتىمائىي شەكىلدە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىدۇ،

ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىدۇ. بۇ ئايەتتىمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھېيت قىلىشنى تەلەپ قىلغان كۈندە ئاللاھ تائالاغا كۆپرەك ھەمدۇ-سانا ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش ۋە ئۇلۇغلاشنى مەقسەت قىلغان. بەزى بىدئەتچىلەر ئايەتتىكى «داستىخان بايرىمى»نى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، «تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈش» جايىز دەپ قارايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، بىرىنچىدىن، بۇ بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدىن ئىلگىرىكى بىر شەرىئەتكە ئالاقىدار ۋەقەلىكتۇر. ئەگەر ئىسلام ئۇنى بىزگىمۇ تەدبىقلاشنى ئىراده قىلغان بولسا، چوقۇم بايان قىلغان بولاتتى. ئىككىنچىدىن، پەيغەمبەرنىڭ ئاغزىدىن بايرام قىلىش خاھىشى ئىزھار قىلىنغان بولاتتى، پەيغەمبەرمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شەرىئەت ھۆكمىنى بايان قىلغان بولاتتى. ئۈچىنچىدىن، بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھېيتنىڭ غايە-مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. «تۇغۇلغان كۈن» ئۆتكۈزۈشتە يۇقىرىقىدەك غايە-مەقسەتلەردىن بىرىمۇ تېپىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۇغۇلغان كۈن» ئۆتكۈزۈش ۋە خاتىرلەش شەكسىز بىدئەتتۇر. ئىسلامدا يولغا قويۇلغان روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە جۈمە كۈندىن ئىبارەت ئۈچ ھېيت بار، ئۇنىڭدىن باشقا ھېيت مەۋجۇت ئەمەس.

قَالَ ٱللَّهُ إِنِّي مُنَزِّلُهَا عَلَيْكُمْۖ فَمَن يَكْفُرْ بَعْدُ مِنكُمْ فَإِنِّيٓ أُعَذِّبُهُۥ عَذَابًا لَّآ أُعَذِّبُهُۥٓ أَحَدًا مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١١٥﴾

***ئاللاھ (ئىيسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن، (ئەمما) شۇنىڭدىن كېيىن سىلەردىن كىمكى تۇزكورلۇق قىلسا، ئۇنى ئەھلى جاھاندىن ھېچكىمنى ئازابلىمىغان ئازاب بىلەن ئازابلايمەن» دېگەن ئىدى① [115].***

① بۇ داستىخان ئاسماندىن چۈشتىمۇ ياكى چۈشمىدىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئېنىق سەھىھ ھەدىس يوق. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار (ئىمام شەۋكانى، ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى قاتارلىقلار) داستىخان چۈشكەن دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن﴾ دېگەن سۆزىدۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى

ھەقتۇر، ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ﴿سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن تۇزكورلۇق قىلسا﴾ دېگەن شەرتكە باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى جەزمەن ئەمەلگە ئاشقان ۋەدە دېيىشكە بولمايدۇ. شۇڭا باشقا ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ھەۋارىيلار ئاللاھنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ، داستىخان تەلەپ قىلىشتىن يانغان، شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن داستىخان چۈشمىگەن. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ھەقتە ئىمام مۇجاھىد ۋە ھەسەن بەسرىدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتنى توغرا دەپ قارىغان ۋە مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نۇقتا شۇكى، بۇ ئاسماندىن داستىخان چۈشكەنلىك ھەققىدىكى ۋەقە خرىستىئانلارنىڭ ئارىسىدا ھېچ مەشھۇر بولمىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە ھېچنەرسە خاتىرىلەنمىگەن. ئەگەر داستىخان چۈشۈرۈلگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدا مەشھۇر بولغان بولاتتى ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا ئاز دېگەندىمۇ ئوندىن ئارتۇق كىشى نەقىل قىلغان بولاتتى. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلگۈچىدۇر.

وَإِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ءَأَنتَ قُلۡتَ لِلنَّاسِ ٱتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ
إِلَٰهَيۡنِ مِن دُونِ ٱللَّهِۖ قَالَ سُبۡحَٰنَكَ مَا يَكُونُ لِيٓ أَنۡ أَقُولَ مَا
لَيۡسَ لِي بِحَقٍّۚ إِن كُنتُ قُلۡتُهُۥ فَقَدۡ عَلِمۡتَهُۥۚ تَعۡلَمُ مَا فِي نَفۡسِي
وَلَآ أَعۡلَمُ مَا فِي نَفۡسِكَۚ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلۡغُيُوبِ ١١٦ مَا قُلۡتُ
لَهُمۡ إِلَّا مَآ أَمَرۡتَنِي بِهِۦٓ أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمۡۚ وَكُنتُ عَلَيۡهِمۡ
شَهِيدٗا مَّا دُمۡتُ فِيهِمۡۖ فَلَمَّا تَوَفَّيۡتَنِي كُنتَ أَنتَ ٱلرَّقِيبَ عَلَيۡهِمۡۚ
وَأَنتَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ١١٧

***شۇ چاغدا ئاللاھ: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە، ‹ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار› دېگەنمىدىڭ①؟» دەيدۇ. ئىيسا ئېيتىدۇ: «(ئى رەببىم!) سەن شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن، ئېيتىشقا ھەققىم بولمىغان سۆزلەرنى ئېيتىش ماڭا ياراشمايدۇ، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلگەن بولاتتىڭ***

**(يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن②، شەكسىزكى، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلسەن [116]. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان: ‹مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان③ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار› دېگەن سۆزنىلا ئېيتقان ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى ئېلىپ كەتكىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ④، سەن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىسەن [117].**

① بۇ سوئال قىيامەت كۈنى سورىلىدۇ، ئۇنىڭدىكى مەقسەت ئاللاھ تائالانى قويۇپ، باشقىلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارغا شۇنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇركى، سىلەر مەبۇد ۋە ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى دەپ قارىغانلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا سوراققا تارتىلىدۇ. بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدىكى، خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قوشۇپ ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمنىمۇ ئىلاھ (مەبۇد) قىلىۋالغان. يەنە مەلۇم بولىدىكى، ھازىرقى دەۋردىكى قەبرىگە چوقۇنغۇچى ماشايىخلار خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ دەۋا قىلغاندەك، مۇشرىكلارنىڭ تاش ۋە ياغاچلاردىن ياساپ چوقۇنغان بۇتلىرىلا «ئاللاھتىن باشقا مەبۇد»لار بولماستىن، بەلكى كىشىلەر قايسىبىر شەكىلدە چوقۇنغان سالىھ بەندىلەرمۇ «ئاللاھتىن باشقا مەبۇد»لار قاتارىغا كىرىدۇ. ھەر قانداق شەكىلدە بەندىلەرگە چوقۇنۇشقا بولمايدۇ. خرىستىئانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا چوقۇنغانلىقىمۇ مۇشۇ خىلدىكى شېرىك ئەمەل قاتارىغا كىرىدۇ.

② بۇ يەردە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ غەيب ئىلمىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق سۆزلەر بىلەن بايان قىلىۋاتىدۇ.

③ ئىيسا ئەلەيھىسسالام بۆشۈكتىكى چېغىدىمۇ بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان ئىدى، سۈرە مەريەمدە بايان قىلىنغاندەك، يىگىتلىك دەۋرىدىمۇ ۋە ئوتتۇرا ياشقا يەتكەندىمۇ شۇنداق قىلدى.

④ ﴿ تَوَفَّيْتَنِي ﴾نىڭ مەنىسى سەن مېنى دۇنيادىن ئېلىپ، ئاسمانغا كۆتۈرگەندىن كېيىن دېمەكتۇر. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئال ئىمران 55-ئايەتتە بايان قىلىندى. بۇنىڭدىن يەنە مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەرلەردە

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قانچىلىك ئىلىم ئاتا قىلغان بولسا، ھاياتىدا قانچىلىك نەرسىلەرنى كۆرۈپ-ئاڭلىغان بولسا شۇنچىلىك ئىلىم بار، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلىم يوق. غەيبنى بىلگۈچى دېگەن باشقىلار دەپ بەرمىسىمۇ ئۆزى ھەممىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىلمى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولۇپ، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۈپەت ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدە تېپىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاللمۇلغەيب» غەيبنى بىلگۈچى پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ «ئاللمۇلغەيب» بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەھشەرگاھدا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئايرىپ چىقىرىلىپ دوزاخ تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىدۇ. مەن: ‹مېنىڭ ئۈممەتلىرىم! ئۈممەتلىرىم!› دەيمەن. ماڭا: ‹سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن› دېيىلىدۇ. مەن خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ تەقۋادار بەندىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دېگەندەك: ‹مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى ئېلىپ كەتكىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىسەن› دەيمەن. ماڭا: ‹ئۇ ئۈممەتلىرىڭ سەندىن كېيىن دىندىن يېنىپ كەتكەن› دېيىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4625-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2860-ھەدىس)

إِن تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ ۖ وَإِن تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ
ٱلْحَكِيمُ ﴿١١٨﴾ قَالَ ٱللَّهُ هَٰذَا يَوْمُ يَنفَعُ ٱلصَّٰدِقِينَ صِدْقُهُمْ ۚ لَهُمْ
جَنَّٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ رَّضِىَ ٱللَّهُ
عَنْهُمْ وَرَضُوا۟ عَنْهُ ۚ ذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١١٩﴾ لِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ وَمَا فِيهِنَّ ۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌۢ ﴿١٢٠﴾

*ئەگەر ئۇلارنى ئازابلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، ئەگەر ئۇلارنى ئەپۇ قىلساڭ، شەكسىزكى، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»① [118]. ئاللاھ ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)*

*راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئەسقاتىدىغان كۈندۇر②، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھ(ئاتا قىلغان ئىنئاملار) دىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر.» [119] ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [120].*

① يەنى ئى ئاللاھ! ئۇلارنى ئۆزۈڭ خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن، سەن خالىغىنىڭنى قىلغۇچىسەن، ھېچكىم سېنى سوراق قىلالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ﴿قىلغىنىدىن سورالمايدىغان زاتتۇر. ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى قىلمىشلىرىدىن سورىلىدۇ﴾. (سۈرە ئەنبىيا 23-ئايەت) بۇ ئايەتتە بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى ئاجىزلىقى ۋە بىچارىلىقىمۇ ئىزھار قىلىندى، يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقى، كاتتىلىقى ۋە ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى، پۈتۈن ھوقۇق ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى بايان قىلىندى. بۇ ئايەت يەنە بۇ سۆزلەرنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ تەلەپ قىلىنغان ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىلتىجاسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۇبھانەللاھ! بۇ نېمىدېگەن پاساھەتلىك ۋە ئۇلۇغ ئايەت-ھە! شۇ ۋەجىدىن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچىسى تاڭ ئاتقىچە ئاشۇ ئايەتلەرنى نامازدا تەكرار-تەكرار ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 149-بەت)

② بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇ كۈن ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغان يەنى (تەۋھىد) ئەقىدىسىدە تۇرغان كىشىلەرگە ئەقىدىسى ئەسقاتىدىغان كۈندۇر.» يەنى ھېچقانداق ئەھۋالدا مۇشرىكلار ئەيسا پەيغەمبەرتە ئېرىشەلمەيدۇ.

بسم الله الرحمن الرحيم

هاپىز سالاھۇددىن يۈسۈف

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى

(سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھىلەنگەن)

2

شەرقىي تۈركستان ئۆلىمالار بىرلىكى

بۇ تەپسىرنىڭ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشىغا ماددىي ياردەم قىلغان مۇھەممەد روزى ھاجىم ئاقتاشتىن ئاللاھ رازى بولسۇن! ئاتا-ئانىسى ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى (2)

(سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھلەنگەن)

**ھاپىز سالاھۇددىن يۇسۇف**

ئوردوچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد سادىق ئىسمائىل كاشغەرى**

**تەھرىرلىگۈچىلەر:**

ئەخمەتجان توختاجى

ئابدۇسەمەد قاراجىم

ئا. ئوبۇل

ئابدۇلئەزىز ئابدۇرەھىم

سىراجىددىن ئەزىزى

**نازارەتچىلەر:**

ئابدۇررازاق ئۇجاتلى

سىراجىددىن ئەزىزى

بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

2024م / 1445 ھـ بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل-تۈركىيە

# مۇندەرىجە

1 توم

مۇقەددىمە ..... 5
«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىگە مۇقەددىمە ..... 7
«ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى» ھەققىدە ..... 25
تەپسىرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە ..... 29

• 1-پارە ..... 33
سۈرە فاتىھە ..... 33
سۈرە بەقەرە ..... 44
• 2-پارە ..... 134
• 3-پارە ..... 228
سۈرە ئال ئىمران ..... 265
• 4-پارە ..... 323
سۈرە نىسا ..... 395
• 5-پارە ..... 422
• 6-پارە ..... 520
سۈرە مائىدە ..... 542
• 7-پارە ..... 617

2 توم

سۈرە ئەنئام ..... 9
• 8-پارە ..... 81
سۈرە ئەئراف ..... 122
• 9-پارە ..... 172
سۈرە ئەنفال ..... 240
• 10-پارە ..... 263
سۈرە تەۋبە ..... 287
• 11-پارە ..... 357
سۈرە يۇنۇس ..... 387
سۈرە ھۇد ..... 451

• 12-پارە 455
سۈرە يۈسۈف 522
• 13-پارە 552
سۈرە رەئىد 584
سۈرە ئىبراھىم 616


## 3 ـ توم


سۈرە ھىجر 9
• 14-پارە 9
سۈرە نەھل 36
• 15-پارە 103
سۈرە ئىسرا 103
سۈرە كەھف 161
• 16-پارە 204
سۈرە مەريەم 221
سۈرە تاھا 256
سۈرە ئەنبىيا 307
• 17-پارە 307
سۈرە ھەج 354
• 18-پارە 407
سۈرە مۆئمىنۇن 407
سۈرە نۇر 445
سۈرە فۇرقان 499
• 19-پارە 510
سۈرە شۇئەرا 535
سۈرە نەمل 584
• 20-پارە 610


## 4 توم


سۈرە قەسەس 5
سۈرە ئەنكەبۇت 58
• 21-پارە 84
سۈرە روم 99
سۈرە لۇقمان 133
سۈرە سەجدە 156
سۈرە ئەھزاب 172
• 22-پارە 196
سۈرە سەبە 229
سۈرە فاتىر 263
سۈرە ياسىن 293
• 23-پارە 301
سۈرە سافڧات 323
سۈرە ساد 361

سۇرە زۇمەر ........ 392

• 24-پارە 411

سۇرە غافىر ........ 435

سۇرە ھا مىم سەجدە ........ 483

• 25-پارە 511

سۇرە شۇرا ........ 517

سۇرە زۇخرۇف ........ 550

سۇرە دۇخان ........ 585

سۇرە جاسىيە ........ 601


5 توم


• 26-پارە 5

سۇرە ئەھقاف ........ 5

سۇرە مۇھەممەد ........ 29

سۇرە فەتھ ........ 52

سۇرە ھۇجۇرات ........ 78

سۇرە قاف ........ 93

سۇرە زارىيات ........ 109

• 27-پارە 116

سۇرە تۇر ........ 125

سۇرە نەجم ........ 140

سۇرە قەمەر ........ 157

سۇرە راھمان ........ 173

سۇرە ۋاقىئە ........ 191

سۇرە ھەدىد ........ 210

• 28-پارە 233

سۇرە مۇجادىلە ........ 233

سۇرە ھەشر ........ 251

سۇرە مۇمتەھىنە ........ 269

سۇرە سەف ........ 285

سۇرە جۇمئە ........ 294

سۇرە مۇنافىقۇن ........ 301

سۇرە تەغابۇن ........ 308

سۇرە تەلاق ........ 319

سۇرە تەھرىم ........ 332

• 29-پارە 343

سۇرە مۇلك ........ 343

سۇرە قەلەم ........ 357

سۇرە ھاققە ........ 372

سۇرە مەئارىج ........ 384

سۇرە نۇھ ........ 394

سۇرە جىن ........ 405

سۇرە مۇززەممىل ........ 417

سۇرە مۇددەسسىر ........ 427

سۇرە قىيامەت ........ 438

سۇرە ئىنسان ........ 447

سۈرە مۇرسەلات 459

• 30-پارە 470

سۈرە نەبە 470
سۈرە نازىئات 480
سۈرە ئەبەسە 490
سۈرە تەكۋىر 498
سۈرە ئىنفىتار 505
سۈرە مۇتەففىفىين 510
سۈرە ئىنشىقاق 518
سۈرە بۇرۇج 524
سۈرە تارىق 531
سۈرە ئەئلا 536
سۈرە غاشىيە 541
سۈرە فەجر 546
سۈرە بەلەد 554
سۈرە شەمس 559
سۈرە لەيل 563
سۈرە زۇها 568
سۈرە ئىنشىراھ 571
سۈرە تىين 574
سۈرە ئەلەق 578
سۈرە قەدر 583
سۈرە بەييىنە 586
سۈرە زىلزال 591
سۈرە مۇلك 594
سۈرە قارىئە 598
سۈرە تەكاسۇر 602
سۈرە ئەسر 605
سۈرە ھۇمەزە 607
سۈرە فىل 610
سۈرە قۇرەيش 613
سۈرە مائۇن 615
سۈرە كەۋسەر 618
سۈرە كافىرۇن 620
سۈرە نەسر 622
سۈرە لەھەب 624
سۈرە ئىخلاس 627

# سۈرە ئەنئام

| (٦) سورة الأنعام مكية ١٦٥ آية | (6) سۈرە ئەنئام مەككىدە چۈشكەن 165 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَجَعَلَ ٱلظُّلُمَٰتِ وَٱلنُّورَ ۖ
ثُمَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِرَبِّهِمْ يَعْدِلُونَ ﴿١﴾ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن
طِينٍ ثُمَّ قَضَىٰٓ أَجَلًا ۖ وَأَجَلٌ مُّسَمًّى عِندَهُۥ ۖ ثُمَّ أَنتُمْ تَمْتَرُونَ ﴿٢﴾
وَهُوَ ٱللَّهُ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَفِى ٱلْأَرْضِ يَعْلَمُ سِرَّكُمْ وَجَهْرَكُمْ وَيَعْلَمُ
مَا تَكْسِبُونَ ﴿٣﴾

***جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان① ئاللاھقا خاستۇر! ئاندىن كاپىرلار (شۇنچە كۆپ ئايەت ۋە دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق مەخلۇقاتنى) رەببىگە تەڭ قىلىۋالىدۇ② [1]. ئۇ ئاللاھ سىلەرنى (يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى) لايدىن ياراتقان③، ئاندىن ئەجىلىڭلارنى④ بېكىتكەن زاتتۇر، (سىلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغان) ۋاقتىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر⑤. (ئى كاپىرلار! سىلەر مۇشۇ بايانلاردىن) كېيىنمۇ (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) شەك كەلتۈرۈۋاتىسىلەر⑥ [2]. ئۇ***

*ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك) ئاللاھتۇر، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىڭلارنى، (ياخشى ۋە يامان بارلىق) ئەمەللىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ⑦ [3].*

① ﴿الظُّلُمٰتِ﴾ «زۇلمەتلەر» دېگەندە كىچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ياكى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقى. «نۇر» دېگەندە كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى ياكى ئىمان نۇرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. نۇرنىڭ ئەكسى بولغان زۇلمەتنىڭ كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەنلىكى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، زۇلمەتنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ ھەم تۈرلىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. نۇر بىرلىك شەكلىدە تۇرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن، شۇڭا ئۇ ھەر قايسى تۇردىكى بارلىق نۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) شۇنداق دېيىشكە ھەم بولىدۇكى، ھىدايەت ۋە ئىماننىڭ يولى پەقەت بىردۇر، تۈت ياكى بەش ياكى بىر قانچە ئەمەستۇر، شۇ ۋەجىدىن نۇر بىرلىك شەكلىدە كەلگەن.

② يەنى ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىشىدۇ.

③ يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ۋە ئەسلىڭلار بولغان ئادەمنى لايدىن ياراتتى، ھەممىڭلار ئۇنىڭ نەسلىدىن پەيدا بولدۇڭلار. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، سىلەر يەۋاتقان يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ ھەممىسى زېمىندىن چىقىدۇ، ئۇ يېمەكلىكلەردىن ئابىمەنى پەيدا بولىدۇ، ئۇ ئابىمەنى ئانىنىڭ رەھىمىگە كىرىپ، ئىنساننىڭ تۆرىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا سىلەرمۇ لايدىن يارىتىلغان.

④ يەنى ئۆلىدىغان ۋاقتىڭلارنى بېكىتتى.

⑤ يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا مەلۇمدۇر. ئايەتتىكى بىرىنچى «ئەجەل» دېگەندە تۇغۇلغاندىن تارتىپ، ئۆلگىچە بولغان ئىنساننىڭ ئۆمرى؛ ئىككىنچى ﴿اَجَلٌ مُسَمًّى﴾ دېگەندە دۇنيانىڭ مۇددىتى يەنى ئىنسان ئۆلگەندىن تارتىپ تاكى قىيامەت بولغىچە بولغان دۇنيانىڭ ئۆمرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا ئاخىرلىشىپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. ئاندىن باشقا بىر دۇنيا يەنى ئاخىرەت ھاياتى باشلىنىدۇ.

⑥ يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشى ھەققىدە كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار قايتا تىرىلىشنى يىراق ساناپ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دەيتتى، ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە

ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ﴾. (سۈرە ياسىن 79-ئايەت)

⑦ ئەھلى سۈننەت يەنى سەلەفلەرنىڭ ئەقىدىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئەرشنىڭ ئۈستىدىدۇر. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمى بىلەن ھەر جايدا بار. يەنى ئۇنىڭ ئىلمىدىن ھېچنەرسە تاشقىرى ئەمەس، ئۇ ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. ئەمما بىر قىسىم گۇمراھ پىرقىلەر ئاللاھ تائالانى ئەرشنىڭ ئۈستىدە دەپ قارىمايدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالا ھەر جايدا مەۋجۇت دەپ، بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئەقىدىسى خاتا بولغاندەك، كەلتۈرگەن دەلىلمۇ توغرا ئەمەس. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئەنە شۇ ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىندا ئاللاھ دەپ چاقىرىلىدىغان زاتتۇر. ئۇ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ھۆكۈمراندۇر، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقات ئۇنى بەرھەق مەبۇد دەپ تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) تەپسىر تەبەرى ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر قاتارلىق كىتابلاردا بۇ ئايەتنىڭ باشقىچە شەرھلىرىمۇ بار.

وَمَا تَأۡتِيهِم مِّنۡ ءَايَةٖ مِّنۡ ءَايَٰتِ رَبِّهِمۡ إِلَّا كَانُواْ عَنۡهَا مُعۡرِضِينَ ﴿٤﴾ فَقَدۡ كَذَّبُواْ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ فَسَوۡفَ يَأۡتِيهِمۡ أَنۢبَٰٓؤُاْ مَا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٥﴾ أَلَمۡ يَرَوۡاْ كَمۡ أَهۡلَكۡنَا مِن قَبۡلِهِم مِّن قَرۡنٖ مَّكَّنَّٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَا لَمۡ نُمَكِّن لَّكُمۡ وَأَرۡسَلۡنَا ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡهِم مِّدۡرَارٗا وَجَعَلۡنَا ٱلۡأَنۡهَٰرَ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمۡ فَأَهۡلَكۡنَٰهُم بِذُنُوبِهِمۡ وَأَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قَرۡنًا ءَاخَرِينَ ﴿٦﴾

*ئاشۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا) رەببىنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈپ كەلدى [4]. ئۇلارغا (ئاللاھ تەرىپىدىن) ھەق كىتاب (يەنى قۇرئان) كېلىشۋىدى، ئۇلار ئۇنى يالغان دېدى، ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋەرلىرى (يەنى ئازابى) كېلىدۇ① [5]. بىزنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمىدىمۇ؟ (يەنى*

***ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟) بىز ئۇلارغا زېمىندا سىلەرگە بەرمىگەن ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن ئىدۇق، ئۇلارغا مول يامغۇرلار ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، ئۆستەڭلارنى ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قىلغان ئىدۇق، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق②، ئۇلاردىن كېيىن باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق③ [6].***

① يەنى ئايەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ھەقنى يالغان دېگەنلىك ۋابالى يەنى ئازابى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار: «مىڭ ئەپسۇس! بۇ ھەق كىتابنى ئىنكار قىلمىغان ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلمىغان بولساق بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىلىدۇ.

② بىز سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلار كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتىمۇ سىلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. يەنە ئۇلار تۇرمۇش باياشاتلىقى ۋە پاراۋانلىق جەھەتتىمۇ سىلەردىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. شۇنداق ئىكەن، سىلەرنى ھالاك قىلىش بىزگە قانداقمۇ قىيىن بولسۇن؟ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، بىر قەۋمنىڭ ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى ۋە پاراۋانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى غەلىبە قىلغان ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دەپ چۈشىنىش توغرا ئەمەس. بۇ نېمەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ قەۋملەرنى سىناش ئۈچۈن بەرگەن مۆھلىتى ۋە تەدرىجى ھالاك قىلىش يولىدۇر. بۇ ئەمەل مۆھلىتى توشقان چاغدا، بارلىق تەرەققىيات ۋە پاراۋانلىقلار ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ.

③ ئۇلارنىمۇ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى سىنىغاندەك سىنايمىز.

وَلَوۡ نَزَّلۡنَا عَلَيۡكَ كِتَٰبٗا فِي قِرۡطَاسٖ فَلَمَسُوهُ بِأَيۡدِيهِمۡ لَقَالَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ٧ وَقَالُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ مَلَكٞۖ
وَلَوۡ أَنزَلۡنَا مَلَكٗا لَّقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ ثُمَّ لَا يُنظَرُونَ ٨

***(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە***

*يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار: «بۇ پەقەتلا ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەيتتى (چۈنكى ئۇلارنىڭ غەرىزى ئەڭ روشەن دەلىل كەلگەندىمۇ ئىمان ئېيتماسلىقتۇر)① [7]. ئۇلار: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە بىز كۆرەلەيدىغان) بىر پەرىشتە چۈشۈرۈلسە بولمامتى؟» دېدى، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى (يەنى بۇ چاغدا ھەقنى ئىنكار قىلسا، ھالاك قىلىناتتى)، ئاندىن ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيتتى② [8].*

① ئۇلارنىڭ، شۇ قەدەر روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ھەقنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ۋە ئۇنى سېھىر دېگەنلىكى ئۇلارنىڭ تەرسالىقى ۋە تەكەببۇرلۇقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا باشقا ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا ئۆرلەپ (ئالەمنى ئەرۋاھنى، پەرىشتىلەرنى) كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار چوقۇم: ‹كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكى سېھىرلەنگەن قەۋم بولۇپ قالساق كېرەك› دېيىشىدۇ﴾. (سۈرە ھىجر 14-، 15-ئايەتلەر) ﴿ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ بىر پارچىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە: «بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ﴾. (سۈرە تۇر 44-ئايەت) يەنى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ھامان بىرەر باھانە ئىزدەيدۇ. ھالبۇكى، كائىناتتا ھەر قانداق ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.

② ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردىن بولغان (ئادەمزات) ئىدى، ئاللاھ تائالا ھەر قەۋمگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمنى تاللاپ، پەيغەمبەر قىلاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئادەمزاتى بولمىغان بولسا، دەۋەتنى يەتكۈزۈش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. مەسىلەن: ئەگەر ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا، پەرىشتىلەر ئىنساني خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولمىغانلىقتىن ئىنسانلارنىڭ ھەرخىل ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە پسخىك ھالەتلىرىنى چۈشىنىشتىن ئاجىز كەلگەن بولاتتى، يەنە ئۇلار بىلەن

ئىنسانلارنىڭ تىلىدا سۆزلىشەلمىگەن بولاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا پەرىشتىلەر كىشىلەرنى يېتەكلەش ۋە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن رەسۇل ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلاردىنلا تاللىدى. بۇ نۇقتىنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ ئېھسانى ۋە مەرھەمىتى سۈپىتىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى﴾. (سۈرە ئال ئىمران 164-ئايەت) لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن بولغانلىقى كاپىرلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇشقا سەۋەب بولدى. چۈنكى ئۇلار، خۇددى ئىنسانغا ئەلچىلىك ياراشمايدىغاندەك، ئەلچى ۋە پەيغەمبەر ئىنسانلاردىن ئەمەس، پەرىشتىلەردىن بولۇش كېرەك دەپ قارايتتى. بۈگۈنكى بىدئەتچىلەرمۇ شۇنداق خاتا كۆز قاراشتا بولۇۋاتىدۇ. «ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ». كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلىقىنى ئىنكار قىلالمايتتى، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ جەمەتى ۋە نەسەبلىرىنى ئوبدان بىلەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلاتتى. بۈگۈنكى بىدئەتچىلەر پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلمايدۇ ئەمما ئىنسانلىقىنى پەيغەمبەرلىككە زىت دەپ قارىغانلىقتىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

ھەرھالدا بۇ ئايەتتە شۇنداق دېيىلىۋاتىدۇكى، ئەگەر بىز كاپىرلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بىر پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسەك ياكى پەيغەمبەرنى تەستىقلاش ئۈچۈن بىر پەرىشتە چۈشۈرسەك، ئەگەر ئۇلار يەنە ئىمان ئېيتماي قالسا، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەستىنلا ھالاك قىلىنغان بولاتتى.

وَلَوۡ جَعَلۡنَـٰهُ مَلَكࣰا لَّجَعَلۡنَـٰهُ رَجُلࣰا وَلَلَبَسۡنَا عَلَيۡهِم مَّا يَلۡبِسُونَ ۝٩
وَلَقَدِ ٱسۡتُهۡزِئَ بِرُسُلࣲ مِّن قَبۡلِكَ فَحَاقَ بِٱلَّذِينَ سَخِرُواْ مِنۡهُم
مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ۝١٠ قُلۡ سِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ ثُمَّ ٱنظُرُواْ
كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ۝١١ قُل لِّمَن مَّا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ

قُل لِّلَّهِۚ كَتَبَ عَلَىٰ نَفۡسِهِ ٱلرَّحۡمَةَۚ لَيَجۡمَعَنَّكُمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ فِيهِۚ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٢

*بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى ھازىر چۈشكەن شۈبھىگە يەنە چۈشۈرەتتۇق (يەنى ئۇلار پەرىشتىنى ئىنسان شەكلىدە كۆرگەندە: «بۇ پەرىشتە ئەمەس، ئىنسانكەنغۇ!» دەيتتى)① [9]. (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر (مۇ كاپىرلار تەرىپىدىن) مەسخىرە قىلىنغان ئىدى، مەسخىرە قىلغانلارنى ئۆزلىرى كۆزگە ئىلمىغان ئازاب قورشىۋالدى [10]. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «يەر يۈزىنى كېزىڭلار، ئاندىن (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار» [11]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلاردىن) سورىغىنكى، «ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟» (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ». ئاللاھ (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان②، چوقۇم بولىدىغان قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرنى ئەلۋەتتە يىغىدۇ. (كۇفرىنى تاللاش بىلەن) ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ [12].*

① يەنى ئەگەر بىز ئىنسانلارغا پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى قارار قىلساق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي پەرىشتىلىك سۈرىتى بىلەن كەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئەگەر ئۇ پەرىشتىلىك سۈرەتتە كەلسە، ئىنسانلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشماستىن، قورقۇپ قېچىپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇنى ئىنسان سۈرىتىدە ئەۋەتىشكە توغرا كېلەتتى، شۇنداق بولغاندا كىشىلەر يەنە ئىلگىرىكى شۈبھىگە چۈشۈپ: بۇ ئىنسان ئىكەنغۇ! دەپ ئېتىراز بىلدۈرەتتى. ئىش شۇنداق بولسا، پەرىشتە ئەۋەتكەننىڭ نېمە پايدىسى؟

② بۇ ھەقتىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى ياراتقان چاغدا، ئەرشنىڭ ئۈستىدىكى ئۆز يېنىدىكى كىتابقا: ‹ھەقىقەتەن رەھمىتىم غەزىپىمدىن غالىب كېلىدۇ› دەپ يازدى». (سەھىھۇل بۇخارى 7404-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2751-ھەدىس) لېكىن بۇ رەھىم-شەپقەت قىيامەت كۈنى پەقەت

مۇئمىنلەرگە بولىدۇ، كاپىرلارغا ئاللاھ تائالا قاتتىق غەزەپ قىلىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ رەھىم-شەپقىتى دۇنيادا ھەممىگە ئومۇمىي بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇئمىن ۋە كاپىر، ياخشى ۋە يامان، ئىتائەتمەن ۋە ئىتائەتسىز ھەممە كىشى بەھرىمەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئىنسانىنىڭ رىزقىنى ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن چەكلەپ قويمايدۇ. دېمەك ئۇنىڭ رەھمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقى بۇ دۇنياغىلا خاستۇر. ئەمما ئاخىرەت بولسا ھەقىقىي جازا ۋە مۇكاپات بېرىلىدىغان جايدۇر، ئۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئادىللىق سۈپىتى تولۇق نامايەن بولىدۇ، نەتىجىدە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ، مەڭگۈ خاتىرجەم بولىدۇ. كاپىرلار بولسا جەھەننەمدە مەڭگۈلۈك ئازابتا قالىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېدى: ﴿مېنىڭ رەھمىتىم ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن﴾. (سۈرە ئەئراف 156-ئايەت)

۞ وَلَهُۥ مَا سَكَنَ فِي ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿١٣﴾ قُلۡ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَتَّخِذُ وَلِيّٗا فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَهُوَ يُطۡعِمُ وَلَا يُطۡعَمُۗ قُلۡ إِنِّيٓ أُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ أَوَّلَ مَنۡ أَسۡلَمَۖ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٤﴾ قُلۡ إِنِّيٓ أَخَافُ إِنۡ عَصَيۡتُ رَبِّي عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿١٥﴾ مَّن يُصۡرَفۡ عَنۡهُ يَوۡمَئِذٖ فَقَدۡ رَحِمَهُۥۚ وَذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١٦﴾

*كېچە ۋە كۈندۈزدە جىم تۇرغان (ياكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان) شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [13]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى ئاللاھ (ھەممىگە) رىزىق بېرىدىغان، ئۆزى رىزىققا موھتاج بولمايدىغان تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقىسىنى مەدەتكار قىلىۋالامدىمەن؟①».*

*ئېيتقىنكى، «مەن (بۇ ئۈممەت ئىچىدە) مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم ۋە (ماڭا) ھەرگىز مۇشرىكلاردىن بولمىغىن» (دەپ ئەمر قىلىندى) [14]. (ئۇلارغا يەنە) ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام (يەنى رەببىمدىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلسام)، بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈننىڭ) ئازابىدىن ئەلۋەتتە قورقىمەن»② [15]. ئاشۇ كۈندە كىمكى ئازابتىن قۇتۇلدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلغان بولىدۇ، ئەنە شۇ ئوپئوچۇق نىجاتلىقتۇر③ [16].*

① بۇ يەردە ﴿وَلِيًّا﴾ دېگەن سۆز مەبۇد، مەدەتكار، ئىگە دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئەمما ئاللاھتىن باشقىنى دوست تۇتۇش ئەلۋەتتە جايىز بىر ئىشتۇر.

② ئەگەر رەببىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاللاھنى قويۇپ، باشقا بىرىنى مەبۇد قىلىۋالسام، مەنمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايمەن.

③ ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ﴾. (سۈرە ئال ئىمران 185-ئايەت) دېدى. مۇۋەپپەقىيەت دېگەن زىياندىن ساقلىنىپ، پايدىغا ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر، جەننەتتىنمۇ ئارتۇق پايدا بولامدۇ؟

وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَ ۖ وَإِن يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ
فَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٧﴾ وَهُوَ ٱلْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ
ٱلْخَبِيرُ ﴿١٨﴾ قُلْ أَىُّ شَىْءٍ أَكْبَرُ شَهَٰدَةً ۖ قُلِ ٱللَّهُ ۖ شَهِيدٌۢ بَيْنِى
وَبَيْنَكُمْ ۚ وَأُوحِىَ إِلَىَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانُ لِأُنذِرَكُم بِهِۦ وَمَنۢ بَلَغَ ۚ أَئِنَّكُمْ
لَتَشْهَدُونَ أَنَّ مَعَ ٱللَّهِ ءَالِهَةً أُخْرَىٰ ۚ قُل لَّآ أَشْهَدُ ۚ قُلْ إِنَّمَا هُوَ
إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ وَإِنَّنِى بَرِىٓءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ ﴿١٩﴾

*(ئى ئىنسان!) ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ كۆتۈرۈۋەتكۈچى يوقتۇر، ئەگەر ئاللاھ ساڭا*

***بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇنى توسۇۋالغۇچى يوقتۇر)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر① [17]. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)② ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [18]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر③ (ماڭا ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر). بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى④. (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر ئاللاھ بىلەن باراۋەر باشقا ئىلاھلارمۇ بار، دەپ چوقۇم گۇۋاھلىق بېرەلەمسىلەر؟» (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن (مۇنداق) گۇۋاھلىق بەرمەيمەن». (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئۇ ھەقىقەتەن بىرلا ئىلاھتۇر، مەن سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە ئادا ـ جۇدامەن» [19].***

① يەنى پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، كائىناتنى باشقۇرۇش پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ھېچكىم رەت قىلالمايدۇ. بىر ھەدىستە بۇ مەزمۇن مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئى ئاللاھ! سەن بەرگەننى توسۇپ قالغۇچى يوق. سەن توسۇپ قالغاننى بېرەلىگۈچى يوق. تەلەيلىككە تەلىيى، بايغا بايلىقى ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئەسقاتىدىغىنى ياخشى ئەمەلدۇر.» (سەھىھۇلبۇخارى 7292 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 593 ـ ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدىن كېيىن بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: " لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ، وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، اللَّهُمَّ لاَ مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ "

② يەنى ھەممە بويۇنلار ئۇنىڭغا ئېگىلىدۇ، ھەرقانچە كۈچلۈك ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىزدۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر. ئۇ ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر، ئۇ ھەرقانداق نەرسىدىن خەۋەرداردۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ مەرھەمىتىگە كىمنىڭ لايىق ۋە كىمنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

③ يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىغا ئۆزى ئەڭ چوڭ گۇۋاھتۇر. ئۇنىڭدىن چوڭ ھېچقانداق گۇۋاھ يوقتۇر.

④ ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: «كىمگە قۇرئان يەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن بولىدۇ». رەبىيئ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا راست ئەگەشكۈچىنىڭ ۋەزىپىسى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە قانداق دەۋەت قىلغان بولسا، ئۇمۇ شۇنداق دەۋەت قىلىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى قانداق ئاگاھلاندۇرغان بولسا، ئۇمۇ شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَعۡرِفُونَهُۥ كَمَا يَعۡرِفُونَ أَبۡنَآءَهُمُۘ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٠﴾ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢١﴾ وَيَوۡمَ نَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشۡرَكُوٓاْ أَيۡنَ شُرَكَآؤُكُمُ ٱلَّذِينَ كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ﴿٢٢﴾

*بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) (تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى سۈپىتى بويىچە) خۇددى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ، ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار (يەنى ئىنىق پاكىتلار تۇرسىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتمايدۇ① [20]. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم ئادەملەر بارمۇ؟② شەكسىزكى، زالىملار ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ③ [21]. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىمىز، ئاندىن شېرىك كەلتۈرگەنلەرگە: «سىلەر مەبۇد دەپ دەۋا قىلغان شېرىكلىرىڭلار قەيەردە؟» دەيمىز [22].*

① ﴿يَعۡرِفُونَهُۥ﴾ يەنى ئەھلى كىتاب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى

ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان ئىدى، ئۇلار شۇ سۈپەتلەرگە ئاساسەن ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتمىغانلار ئېغىر زىيان تارتىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان بولىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىلمىسەڭ، بۇ بىر مۇسىبەت ئەگەر بىلسەڭ، تېخىمۇ چوڭ مۇسىبەت.

② يەنى ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلىغان (ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ دەۋا قىلغان) كىشى ھەممىدىن چوڭ زالىمدۇر. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلارمۇ چوڭ زالىملاردۇر. پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ جازاسىنىڭ ناھايىتى قاتتىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشلار تۇرسىمۇ، ھەر دەۋردە ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ دەۋا قىلىدىغانلار چىقىپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئوتتۇز يالغان دەججال كېلىدۇ، ھەربىرى پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىدۇ» دەپ ئالدىن خەۋەر بەرگەنلىرى ئەمەلىيەتتە كۆرۈلدى.

ئۆتكەن ئەسىردىمۇ قاديان قەبىلىسىدىن بىر ئادەم پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلدى. بۈگۈن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ۋەدە قىلىنغان نىجاتكار مەسىھ ۋە ھەق پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بىر يالغانچىنى راستچىل دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۇنىڭ دەۋاسىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ. راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن چوقۇم قۇرئان-ھەدىستىن روشەن دەلىل كەلتۈرۈشى لازىم.

③ ھەر ئىككىسى زالىم بولغاچقا، نە يالغانى توقۇغۇچى، نە ئىنكار قىلغۇچى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. شۇڭا ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان ئويلىشى لازىم.

ثُمَّ لَمۡ تَكُن فِتۡنَتُهُمۡ إِلَّآ أَن قَالُواْ وَٱللَّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشۡرِكِينَ ﴿٢٣﴾

ٱنظُرۡ كَيۡفَ كَذَبُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡۚ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٢٤﴾
وَمِنۡهُم مَّن يَسۡتَمِعُ إِلَيۡكَۖ وَجَعَلۡنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ أَكِنَّةً أَن يَفۡقَهُوهُ
وَفِيٓ ءَاذَانِهِمۡ وَقۡرٗاۚ وَإِن يَرَوۡاْ كُلَّ ءَايَةٖ لَّا يُؤۡمِنُواْ بِهَاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا
جَآءُوكَ يُجَٰدِلُونَكَ يَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ
ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٢٥﴾

***ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى پەقەت (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «رەببىمىز ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ① [23]. سەن ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان ئېيتقانلىقىغا قارىغىن، ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ) ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ② [24]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىچىدە (قۇرئان ئوقۇغان چېغىڭدا، يامان غەرەزدە) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار③، ئۇنى چۈشەنمىسۇن، دەپ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق④. ئۇلار ھەممە مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ھەتتا ئۇ كاپىرلار سېنىڭ يېنىڭغا مۇنازىرىلىشىپ كەلگەندىمۇ: «بۇ (قۇرئان) پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەيدۇ⑤ [25].***

① بۇ يەردىكى ﴿ فِتۡنَتُهُمۡ ﴾نىڭ بىر مەنىسى دەلىل-ئىسپات، يەنە بىر مەنىسى ئۆزرە دەپمۇ ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاخىرى ئۇلار: «بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەپ ئىسپات ياكى ئۆزرە بايان قىلىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىمام ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «بىز ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا باشلىغاندا، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىگە ئۆزرە ئېيتىپ، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق دېيىشتىن باشقا چارە تاپالمايدۇ».

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال پەيدا بولىدۇ: قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ تىللىرىغا پىچەت سېلىنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قول-پۇتلىرى گۇۋاھلىق

بېرىدىغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ تىللىرى بىلەن مۇشرىك بولغانلىقىنى ئىنكار قىلالايدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق بېرىدۇ: «مۇشرىكلار قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتكە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تىللىرىغا مۆھۈر بېسىپ پېچەتلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرى ئۆز قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن ھېچنەرسىنى يوشۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بەزىدە دۇنيادا يالغانچىلىقنىڭ ئاز-تولا پايدىسى بولغاندەك بىلىنسىمۇ، لېكىن قىيامەتتە يالغانچىلىقنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ «شاپائەتچى، مەدەتكار، ھىمايىچى» دەپ ئويلىغان باتىل مەبۇدلىرى ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ. ئۇلارغا باتىل مەبۇدلىرىنىڭ ھەقىقىتى ئايان بولىدۇ، ئەمما ئۇ يەردە زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ھېچ ئىمكان بولمايدۇ.

③ يەنى ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپ، قۇرئاننى تىڭشايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھىدايەت تەلەپ قىلىش مەقسىتى بولمىغانلىقتىن ئۇ تىڭشاشتىن پايدا ئالالمايدۇ.

④ دېمەك ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىۋەتتۇق، قۇلاقلىرىنى گاس قىلىۋەتتۇق، شۇڭا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ۋە دىللىرى ھەقىقەتنى ئاڭلاشتىن ۋە چۈشىنىشتىن ئاجىزدۇر.

⑤ ھازىر ئۇلار گۇمراھلىققا شۇ قەدەر پېتىپ كەتتىكى، بۈيۈك مۆجىزىلەرنى كۆرسىمۇ، يەنىلا ئىمان ئېيتىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. ئۇلار ئىنكارچىلىق ۋە تەرسالىقتا شۇ قەدەر ھەددىدىن ئاشتىكى، قۇرئان كەرىمنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاساسسىز ئەپسانىلىرى، دېگەن ئىدى.

وَهُمۡ يَنۡهَوۡنَ عَنۡهُ وَيَنۡـَٔوۡنَ عَنۡهُۖ وَإِن يُهۡلِكُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡ وَمَا
يَشۡعُرُونَ ٢٦ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذۡ وُقِفُواْ عَلَى ٱلنَّارِ فَقَالُواْ يَٰلَيۡتَنَا نُرَدُّ وَلَا
نُكَذِّبَ بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٢٧

***ئۇلار كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئاندىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن) توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ①، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ② [26]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ③ (دەھشەتلىك بىر ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ). ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلغان بولساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق» دەپ كېتىدۇ④ [27].***

① يەنى ئۇلار ئاۋامنى مۇسۇلمان بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە قۇرئانغا ئەگىشىشتىن توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدۇ.

② بىراق ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئىماندىن توسقانلىقى ۋە ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن قاچقانلىقى بىزگە ياكى پەيغەمبىرىمىزگە نېمە زىيان كەلتۈرىدۇ؟! ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىش بىلەن تۇيماستىن ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

③ بۇ يەردىكى «ئەگەر»نىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، بار دەپ مۆلچەرلەنگەن ئىبارە مۇنداق بولىدۇ: «قورقۇنچلۇق بىر ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ».

④ لېكىن ئۇ يەردە يېتەلمىگەن ئارزۇ-ئارمانلارغا يېتىشىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىش مۇمكىن بولمايدۇ. كاپىرلارنىڭ بۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قۇرئان كەرىم بىر نەچچە جايدا تىلغا ئالغان. مەسىلەن: ﴿«پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز». ئاللاھ ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۈستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار﴾. (سۈرە مۇئمىنۇن 107-108-ئايەتلەر) ﴿پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز﴾. (سۈرە سەجدە 12-ئايەت)

بَلْ بَدَا لَهُم مَّا كَانُواْ يُخْفُونَ مِن قَبْلُ ۖ وَلَوْ رُدُّواْ لَعَادُواْ لِمَا نُهُواْ
عَنْهُ وَإِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿٢٨﴾ وَقَالُوٓاْ إِنْ هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنْيَا وَمَا نَحْنُ
بِمَبْعُوثِينَ ﴿٢٩﴾ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ وُقِفُواْ عَلَىٰ رَبِّهِمْ ۚ قَالَ أَلَيْسَ هَٰذَا
بِٱلْحَقِّ ۚ قَالُواْ بَلَىٰ وَرَبِّنَا ۚ قَالَ فَذُوقُواْ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ
تَكْفُرُونَ ﴿٣٠﴾ قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتْهُمُ
ٱلسَّاعَةُ بَغْتَةً قَالُواْ يَٰحَسْرَتَنَا عَلَىٰ مَا فَرَّطْنَا فِيهَا وَهُمْ يَحْمِلُونَ
أَوْزَارَهُمْ عَلَىٰ ظُهُورِهِمْ ۚ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ ﴿٣١﴾

***ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان قىلمىشلىرى ئۆزلىگە ئاشكارا بولدى (شۇڭا ئۇلار شۇنداق دەيدۇ)① ، ئۇلار (دۇنياغا) قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر② [28]. ئۇلار: «ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، بىز (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلمەيمىز» دېگەن ئىدى③ [29]. ئەگەر ئۇلارنى رەببىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا بىر كۆرسەڭ (ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ). ئاللاھ ئۇلارغا: «بۇ (تىرىلىش) راست ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ. ئۇلار: «رەببىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن» دەيدۇ. ئاللاھ: «ئۇنداقتا، كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ④ [30]. ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقنى (تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار گۇناھلىرىنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان ھالدا: «ئۇنىڭ بارىسىدا بىپەرۋالىق قىلىپ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزغا ۋاي ئىست!» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈكلىۋالغىنى نېمىدېگەن يامان!⑤ [31]***

① بۇ ئايەتنىڭ بىر قانچە مەنىسى بار: **1.** بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا ئۇلار كۆڭۈللىرىدە ئىلگىرى دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە يوشۇرغان كۇفرىلىقى، ئىنكار قىلغانلىقى ۋە تەرسالىقى ئاشكارا بولىدۇ. يەنى ئۇلار دەسلەپتە:

«بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ، كېيىن ئۆزلىرىگە ئىنكار قىلغانلىقى ئايان بولىدۇ. 2. ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئاننىڭ ھەق ۋە راستلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلەردىن يوشۇرغانلىقى ئۇ يەردە ئاشكارا بولىدۇ. 3. مۇناپىقلارنىڭ دۇنيادا مۇئمىنلەردىن يوشۇرغان مۇناپىقانە ئىش-ھەرىكەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ﴿بَلْ﴾ «بەلكى» جۈملىدە ئىلگىرىكى مەنىدىن بۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. يەنى بەلكى ئۇلارغا كۇفرىلىقلىرىغا بىرىلىدىغان ئازاب ئايان بولغاچقا، ئازابتىن قورقۇپ، دۇنياغا قايتماقچى بولىدۇ.

② يەنى ئۇلارنىڭ دۇنياغا قايتۇرۇلۇشنى تەلەپ قىلىشتىكى مەقسىتى ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قىيامەتتە ئۇلارغا ئايان بولغان ۋە كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئازابتىن قېچىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلسىمۇ، بۇرۇنقى چەكلەنگەن ئىشلارنى يەنە قىلىدۇ.

③ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ھەر قانداق كاپىر ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە ئاسىيلىقىدىندۇر. ئەگەر ئىنساننىڭ دىلىدا ئاخىرەتكە بولغان ئىمان مۇستەھكەم بولسا، كۇفرىلىق ۋە ئاسىيلىق يولىدىن دەرھال قايتىپ، تەۋبە قىلىدۇ.

④ يەنى ئۇلار كۆز بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئاخىرەتتىكى ھاياتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئېتىراپ قىلغاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: «كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

⑤ بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىدىكى ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى، بىپەرۋالىق قىلىپ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا ۋە ياخشى ئەمەل قىلىۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىغانلىقى ھەمدە يامان قىلمىشلىرىنى ئۈستىلىرىگە يۈدۈپ كېلىدىغان ھالىتى تەسۋىرلەندى. ﴿فَرَّطْنَا فِيهَا﴾ «ئۇنىڭ بارىسىدا بىپەرۋالىق قىلىپ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزغا ۋاي ئىسىت!» تىكى ئالماش ﴿السَّاعَةُ﴾ قىيامەتنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئالغاندا مەنىسى: قىيامەتنى ئەستىقلاش ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشتىكى بىپەرۋالىقىمىزغا ۋاي ئىسىت! دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئالماش سودىنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئالغاندا،

گەرچە بۇ ئىبارە بولمىسىمۇ، ئايەتنىڭ سىياقى شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى، زىيان دېگەن سودىدا بولىدۇ، بۇ يەردىكى زىيان تارتقان سودا ئىماننى بېرىپ، كۇفرىنى سېتىۋالغان سودىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئۇلار: بۇ سودىدا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزغا ۋاي ئىسىت! دەيدۇ. بۇ ئالىماش دۇنيا ھاياتىنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇلار: دۇنيادىكى ھاياتىمىزدا كۇفۇرلۇق، شېرىك ۋە گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ، كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزغا ۋاي ئىسىت! دەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

وَمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَآ إِلَّا لَعِبٞ وَلَهۡوٞۖ وَلَلدَّارُ ٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٣٢﴾ قَدۡ نَعۡلَمُ إِنَّهُۥ لَيَحۡزُنُكَ ٱلَّذِي يَقُولُونَۖ فَإِنَّهُمۡ لَا يُكَذِّبُونَكَ وَلَٰكِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ يَجۡحَدُونَ ﴿٣٣﴾

***دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن ـ تاماشادىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئاخىرەت يۇرتى ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟ [32] (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، (ئەسلىدە) ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، لېكىن بۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ① [33].***

① مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنىڭ ئۆزىنى يالغانچى دېگەنلىكى سەۋەبىدىن قايغۇراتتى. ئايەتتە بۇ غەم ـ قايغۇنى توگىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، بەلكى (ئۇلار سېنى سادىق ۋە ئىشەنچلىك دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ). ئەسلىدە ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ھەقىقەتەن زۇلۇمدۇر. سۈنەنى تىرمىزى 3064 ـ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئەبۇ جەھىل بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇھەممەد! بىز سېنى ئەمەس بەلكى سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى يالغان دەيمىز» دېگەن. شۇ چاغدا بۇ ئايەت نازىل بولغان. گەرچە تىرمىزىنىڭ بۇ رىۋايىتى زەئىپ بولسىمۇ، باشقا سەھىھ رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مەككە كۇففارلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچلىك، دىيانەتلىك ۋە

راستچىللىقىغا قايىل ئىدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنغا ئىمان ئېيتىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇردى. بۇگۇنمۇ كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئېسىل پەزىلىتى، ئىشەنچىلىك ۋە راستچىللىقىنى پاساھەتلىك تىللار بىلەن بايان قىلىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ.

وَلَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ فَصَبَرُواْ عَلَىٰ مَا كُذِّبُواْ وَأُوذُواْ
حَتَّىٰٓ أَتَىٰهُمْ نَصْرُنَاۚ وَلَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِۚ وَلَقَدْ جَآءَكَ مِن نَّبَإِيْ
ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٣٤﴾ وَإِن كَانَ كَبُرَ عَلَيْكَ إِعْرَاضُهُمْ فَإِنِ ٱسْتَطَعْتَ أَن
تَبْتَغِيَ نَفَقًا فِي ٱلْأَرْضِ أَوْ سُلَّمًا فِي ٱلسَّمَآءِ فَتَأْتِيَهُم بِـَٔايَةٍۚ وَلَوْ شَآءَ
ٱللَّهُ لَجَمَعَهُمْ عَلَى ٱلْهُدَىٰۚ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْجَٰهِلِينَ ﴿٣٥﴾

*سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى①، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى (يەنى قانۇنلىرىنى) ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ②، شۈبھىسىزكى، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر قىسىم خەۋەرلىرى ساڭا كېلىپ بولدى③ [34]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، قولۇڭدىن كەلسە، يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن)، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرەتتى④. شۇڭا سەن ھەرگىز (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەيدىغان) نادانلاردىن بولمىغىن⑤ [35].*

① بۇ يەردە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس، ھەتتا سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار

قىلىنغان ئىدى. سەنمۇ ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقلىرىغا ۋە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بىز ياردەم قىلدۇق، ساڭىمۇ ياردەم قىلىمىز، بىز ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايمىز. بىز ۋەدە قىلىپ دېدۇقكى: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾. (سۈرە غافىر 51-ئايەت) ﴿ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى﴾. (سۈرە مۇجادەلە 21 ـ ئايەت) ﴿بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر﴾. (سۈرە ساففات 171 ـ، 172ـ ئايەت)

② يەنى ئاللاھنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، سەن كاپىرلار ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىسەن. ھەقىقەتتە شۇنداق بولدى.

③ ئۇ خەۋەرلەردىن ئايان بولىدىكى، دەسلەپتە پەيغەمبەرلەرنى قەۋملىرى ئىنكار قىلغان، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن ۋە ئېغىر مۇشەققەتلەرنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە قىلغان ۋە زور مۇۋەپپەقىيەتكە، مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا ئېرىشكەن.

④ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاپىرلار ۋە جاھىللارنىڭ ئىنكار قىلغانلىقلىرى ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى، ئۇنىڭغا قارىتا بۇ يەردە دېيىلدىكى، بۇ ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولغاندۇر، ئاللاھنىڭ ئىزنى بولماي تۇرۇپ سەن ئۇلارنى ئىسلامغا كىرگۈزەلمەيسەن، ھەتتا ئەگەر سەن يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ، ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلتۈرۈپ كۆرسەتسەڭ، بۇنداق قىلىشقۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ، كەلگەن تەقدىردە، شۇنداق بىر مۆجىزە كەلتۈرۈپ كۆرسەتسەڭمۇ، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتىگە باغلىقتۇر. بۇ نۇقتىنى ئىنسانىنىڭ ئەقلى تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىكى بىر زاھىرىي ھېكمەت شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تاللاش ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى بېرىپ، ئۇلارنى سىناۋاتىدۇ، بولمىسا، پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر توغرا يولدا ۋە ھىدايەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرۈش ئاللاھ تائالاغا قىيىن ئەمەس، ئۇنى قىلىش ئۈچۈن «بول» دەپ ئەمر قىلسىلا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇ ئىش ئەمەلگە ئاشىدۇ.

⑤ يەنى سەن ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلىقىغا ئارتۇقچە قايغۇرۇپ كەتمىگىن. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادە-تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئاللاھقىلا تاپشۇرغىن، ئۇ ئۆزى بۇ ئىشنىڭ ھېكمىتىنى، پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

﴿إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ ٱلَّذِينَ يَسْمَعُونَ وَٱلْمَوْتَىٰ يَبْعَثُهُمُ ٱللَّهُ ثُمَّ إِلَيْهِ يُرْجَعُونَ ﴿٣٦﴾ وَقَالُوا۟ لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ ءَايَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ ۚ قُلْ إِنَّ ٱللَّهَ قَادِرٌ عَلَىٰٓ أَن يُنَزِّلَ ءَايَةً وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٧﴾ وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا طَٰٓئِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ إِلَّآ أُمَمٌ أَمْثَالُكُم ۚ مَّا فَرَّطْنَا فِى ٱلْكِتَٰبِ مِن شَىْءٍ ۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يُحْشَرُونَ ﴿٣٨﴾

***سىنىڭ سۆزۈڭگە (سەمىمىيلىك بىلەن) قۇلاق سالىدىغانلار (دەۋىتىڭنى) قوبۇل قىلىدۇ. (سۆزۈڭگە قۇلاق سالمىغان كاپىرلار ئۆلۈكلەرنىڭ ئورنىدا)، ئۆلۈكلەرگە كەلسەك① ، ئۇلارنى ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ [36]. ئۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى): «نېمىشقا ئۇنىڭغا (مۇھەممەدكە) رەببىدىن (بىز تەلەپ قىلغاندەك) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر»②. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (مۆجىزە نازىل بولۇپ ئىمان ئېيتمىسا بالاغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ③ [37]. مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان جانىۋار بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۇممەتلەردۇر (يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر)④. بىز كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)⑤، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)⑥ [38].***

① ئۇ كاپىرلار خۇددى ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش ئاڭلاش ۋە چۈشىنىش ئىقتىداردىن مەھرۇمدۇر. چۈنكى ئۇلار ئەقلىنى ھەقنى چۈشىنىشكە ئىشلەتمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆلۈككە ئوخشاشتۇر.

② يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلايدىغان مۆجىزە كەلتۈرۈشۈڭنى تىلەيدۇ. مەسىلەن: پەرىشتىلەرنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈش ياكى ئىسرائىل ئەۋلادىغا كەلگەندەك تاغنىڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا يېقىن كېلىشى قاتارلىقلارنى خالايدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالا شۇنداق قىلىشقا قادىر. بىراق ئاللاھ تائالانىڭ دەرھال مۆجىزە ئەۋەتمەسلىكى، ئۇنىڭ ئىنسانلارنى سىناشتىكى ھېكمىتى سەۋەبىدىندۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك مۆجىزىنى چۈشۈرسە، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دەرھال دۇنيادىلا قاتتىق جازالىغان بولاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھېكمىتىدىمۇ ئۇلارنىڭ دۇنيالىقى ئۈچۈن پايدا بار.

③ ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ھۆكمى ۋە ئىرادىسىدىكى چوڭقۇر ھېكمەتنى چۈشەنمەيدۇ.

④ يەنى ئۇلارنىمۇ ئاللاھ تائالا سىلەرنى ياراتقاندەك ياراتقان، ئۇلارغىمۇ سىلەرگە رىزق بەرگەندەك رىزق بېرىدۇ، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە ئىلمى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

⑤ ﴿الْكِتَٰبِ﴾ دېگەندىن لەۋھۇلمەھپۇز كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە خاتىرلەنگەندۇر ياكى ئۇنىڭدىن قۇرئان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىجمالى ياكى تەپسىلي شەكىلدە دىنىنىڭ ھەربىر ئىشى ئوچۇق بايان قىلىنغان. يەنە بىر ئايەتتە دېيىلگەندەك: ﴿ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾. (سۈرە نەھل 89-ئايەت) ئايەتنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا بىرىنچى ئۇقۇم توغرىغا ئەڭ يېقىندۇر.

⑥ يەنى مەزكۇر مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى بىر جايغا جەملىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ بىر تۈركۈم ئۆلىمالار مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: بارلىق ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلۈپ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنغاندەك، پۈتۈن مەخلۇقلارمۇ تىرىلدۈرۈلۈپ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى، مۈڭگۈزسىز ھايۋانلارنىڭ قىساسى مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلاردىن ئېلىپ بېرىلىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2582-ھەدىس) بەزى ئۆلىمالار ﴿يُحْشَرُونَ﴾ دېگەندىن ئۆلۈم مەقسەت قىلىنغان دەپ ئېلىپ، ھەممىگە ئۆلۈم كېلىدۇ دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى «يىغىلىدۇ» دېگەن كاپىرلارنىڭ ھەشىر قىلىنىشىغا قارىتىلغان. ئارىلىقتا كەلگەن سۆزلەر قىستۇرما جۈملىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدىكى «مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلاردىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېگەن ھەدىس مىسال ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن. مەقسەت، قىيامەتتىكى ھېساب-كىتابنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە بۈيۈكلىكىنى بايان قىلىشتۇر. ياكى ھايۋانلار ئېچىدىن پەقەت زۇلۇم قىلىنغۇچىلار بىلەن زالىملارلا تىرىلدۈرۈلۈپ، قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. كېيىن ھەممىسى تۇپراققا ئايلاندۇرۇلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە باشقا كىتابلار) بۇ نۇقتىنى كۈچلەندۈرىدىغان باشقا ھەدىسلەرمۇ بار.

وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا صُمّٞ وَبُكۡمٞ فِي ٱلظُّلُمَٰتِۗ مَن يَشَإِ ٱللَّهُ
يُضۡلِلۡهُ وَمَن يَشَأۡ يَجۡعَلۡهُ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٣٩﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتَكُمۡ
إِنۡ أَتَىٰكُمۡ عَذَابُ ٱللَّهِ أَوۡ أَتَتۡكُمُ ٱلسَّاعَةُ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ تَدۡعُونَ إِن
كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤٠﴾ بَلۡ إِيَّاهُ تَدۡعُونَ فَيَكۡشِفُ مَا تَدۡعُونَ إِلَيۡهِ إِنۡ
شَآءَ وَتَنسَوۡنَ مَا تُشۡرِكُونَ ﴿٤١﴾

*بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار بولسا (بەئەينى قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە قالغان (ھەقنى قوبۇل قىلىش مەقسىتىدە ئاڭلىمايدىغان) گاسلاردۇر، (ھەقنى سۆزلىمەيدىغان) گاچىلاردۇر. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى (گۇمراھلىقنى ئىختىيار قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى (ھىدايەتنى ئىختىيار قىلغانلىقى ئۈچۈن) توغرا يولغا سالىدۇ① [39]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى ياكى قىيامەت كەلسە، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىلتىجا قىلامسىلەر؟ [40] ئۇنداق قىلمايسىلەر، سىلەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەر*

***(كۆتۈرۈۋېتىشىنى تىلەپ) ئىلتىجا قىلغان بالانى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، (ئۇ چاغدا) سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىدىغان نەرسىلىرىڭلارنى ئۇنتۇيسىلەر»② [41].***

① ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قۇلىقى ھەق گەپنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇلارنىڭ تىلى ھەق گەپنى سۆزلىمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار گاس-گاچىلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار يەنە كۇفرى ۋە گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تېڭىرقاپ قالغاندۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. خۇددى ئۇلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئېلىۋېتىلگەندەك، ئۇلار ئۇ ئەزالىرىدىن ھەقنى تونۇشتا ھېچ پايدا ئالالمايدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بايان قىلىندى: پۈتۈن ئىختىيار ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇ خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ. لېكىن ئۇ بۇ ئىشتا قارىسىغىلا ھۆكۈم قىلمايدۇ، بەلكى ئادالەت ۋە ئىنساپنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ. دېمەك ئۆزى گۇمراھلىققا چۆككەن، ئۇنىڭدىن چىقىش ئۈچۈن تىرىشمايدىغان ھەم ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ياقتۇرمايدىغان كىشىنىلا ئاللاھ ئازدۇرىدۇ. (تەپسىلى مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن سۈرە بەقەرە 26-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

② ﴿ أَرَءَيۡتَكُمۡ﴾ دىگەن كاف ۋە مىم ئىككىنچى شەخسكە خىتاب قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟» دېگەن مەنىدە. بۇ نۇقتا قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا بايان قىلىندى. (سۈرە بەقەرە 165-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن) دېمەك، تەۋھىد ئىنساننىڭ ئەسلي تەبىئىتىدە مەۋجۇتتۇر. ئىنسان ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ياكى ئاتا-بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە دوراش نەتىجىسىدە، شېرىك ئەقىدە ۋە ئەمەللەرگە مۇبتىلا بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقىنى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى دەپ قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەزىر-نىياز ۋە قۇربانلىقلارنى ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قىلىدۇ. ئەمما بىرەر مۇسىبەتكە دۇچار بولغاندا ئەسلي تەبىئىتى غالىپ كېلىدۇ-دە، ئىختىيارسىز بىر ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىدۇ ۋە ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە ئېسىدىن چىقىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ ئەسلي تەبىئىتىدە مۇستەھكەم تۇرغان بولسىچۇ كاشكى. چۈنكى ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق پۈتۈنلەي ئىنساننىڭ ئەسلي تەبىئىتىدىكى تەۋھىدكە باغلىقتۇر يەنى پەقەت تەۋھىدكە قايتىش

بىلەنلا نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَآ إِلَىٰٓ أُمَمٍ مِّن قَبْلِكَ فَأَخَذْنَٰهُم بِٱلْبَأْسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ
لَعَلَّهُمْ يَتَضَرَّعُونَ ﴿٤٢﴾ فَلَوْلَآ إِذْ جَآءَهُم بَأْسُنَا تَضَرَّعُوا۟ وَلَٰكِن
قَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٤٣﴾ فَلَمَّا
نَسُوا۟ مَا ذُكِّرُوا۟ بِهِۦ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَٰبَ كُلِّ شَىْءٍ حَتَّىٰٓ إِذَا
فَرِحُوا۟ بِمَآ أُوتُوٓا۟ أَخَذْنَٰهُم بَغْتَةً فَإِذَا هُم مُّبْلِسُونَ ﴿٤٤﴾ فَقُطِعَ
دَابِرُ ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ ۚ وَٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٤٥﴾

***شەكسىزكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ (پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكەن ئىدۇق (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). ئۇلارنى (تەۋبە قىلىپ، بىزگە) يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق - سىلاق بىلەن جازالىدۇق [42]. ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا نېمىشقا يېلىنمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتكەن (شۇڭا ئىمانغا يۇمشىمىدى)، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىدى① [43]. ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، (سىناش ئۈچۈن) ئۇلارغا پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن كۆرەڭلەپ تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىردىنلا ھەسرەتتە قالدى [44]. (كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كاپىرلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!② [45]***

① ئەگەر بىر قەۋمنىڭ ئەخلاقى ناچارلىشىپ، دىللىرى قېتىپ كەتكەن بولسا، ئاللاھنىڭ ئازابىمۇ ئۇلارنى سىلكىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتالماي قالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ قوللىرى ئاللاھ تائالادىن

مەغپىرەت تىلەپ دۇئاغا كۆتۈرۈلمەيدۇ، دىللىرى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئىنتىلمەيدۇ، ئۇلار ئىسلاھ تەرەپكە بۇرۇلمايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان خاتا چۈشەنچە ۋە باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەم قىلىۋالىدۇ. بۇ ئايەتتە شەيتان ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئازدۇرغان قەۋملەرنىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلەندى.

② بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ تۈزكور قەۋملەرگە قارىتا تۇتقان يولى بايان قىلىندى: بىز بەزىدە ۋاقتىنچە تۈزكور قەۋملەرگە باياشاتلىق ۋە پاراۋانلىقنىڭ ئىشىكلىرىنى كەڭ ئېچىۋېتىمىز، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ماددىي خۇشاللىققا چۆمگەن ۋە نېمەتلەردىن خۇرسەن بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالايمىز. ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر بەندىگە گۇناھ قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى كۆرسەڭ، بىلگىنكى، بۇ ئۇنىڭ ئاستا-ئاستا گۇناھقا پېتىشىغا بېرىلگەن مۆھلەتتۇر.» دېگەن ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇغان. (مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 145-بەت)

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ روھىغا ئاساسەن ھەر قانداق بىر قەۋم ياكى شەخسنىڭ مال-دۇنياسىنىڭ كۆپ بولۇشى، باياشات ياشىشى بەزىلەر خىيال قىلغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن رازى ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئەمەس. بەزى كىشىلەر ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾. (سۈرە ئەنبىيا 105-ئايەت) دېگەن ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مال-دۇنياسى كۆپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقانلارنى «ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى» دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. گۇمراھ ئادەملەر ياكى قەۋملەرنىڭ دۇنيادىكى باياشات تۇرمۇشى سىناق ۋە مۆھلەتتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ كۇفرى ۋە گۇناھلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىنئام ئەمەس.

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَخَذَ ٱللَّهُ سَمْعَكُمْ وَأَبْصَٰرَكُمْ وَخَتَمَ عَلَىٰ قُلُوبِكُم
مَّنْ إِلَٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ يَأْتِيكُم بِهِ ۗ ٱنظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ ٱلْءَايَٰتِ ثُمَّ

هُمۡ يَصۡدِفُونَ ﴿٤٦﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتَكُمۡ إِنۡ أَتَىٰكُمۡ عَذَابُ ٱللَّهِ بَغۡتَةً أَوۡ
جَهۡرَةً هَلۡ يُهۡلَكُ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٧﴾

*(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى،» دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (يەنى سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟» سەن بىزنىڭ (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىمىزنى (دەلىللەرنى ھەر خىل شەكىلدە) قانداق بايان قىلىۋاتقانلىقىمىزغا، ئاندىن ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈۋاتقانلىقىغا قارىغىن① [46]. ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇشتۇمتۇت ياكى ئاشكارا كەلسە، زالىم قەۋم ھالاك قىلىنماي، كىملەر ھالاك قىلىنسۇن!؟② » [47]*

① كۆز، قۇلاق، دىل ئىنساننىڭ ناھايىتى مۇھىم ئەزالىرىدۇر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتىدۇكى، ئەگەر ئاللاھ بۇ ئەزالارنىڭ ئۆزى ئاتا قىلغان (كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە چۈشىنىش) ئىقتىدارىنى تارتىۋالسا ياكى بۇ ئەزالارنى شۇنداقلا يوق قىلىۋەتسە، ئۇ ھەر ئىككىسىنى قىلىشقا قادىر، ھېچكىم ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. «ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىۋاتقانلىقىمىزغا قارىغىن»نىڭ مەنىسى، كىشىلەرگە ھەقنى چۈشەنسۇن دەپ ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن: گاھىدا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئارقىلىق، گاھىدا بېشارەت بېرىش ۋە رىغبەتلەندۇرۇش ئارقىلىق، گاھىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق، گاھىدا باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق دەلىل-پاكىتلارنى قانداق بايان قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن.

② ﴿ بَغۡتَةً﴾ (ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز، خەۋەرسىز تۇرغاندا) دېگەندە كېچە. ﴿ جَهۡرَةً﴾ (ئاشكارا، خەۋەردار قىلىنىپ) دېگەندە كۈندۈز كۆزدە تۇتۇلغان. مەسىلەن، بۇ نۇقتا سۈرە يۇنۇس 50-ئايەتتە ﴿ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ أَتَىٰكُمۡ عَذَابُهُۥ بَيَٰتًا أَوۡ نَهَارًا ﴾ «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە» دەپ ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر مەنىسى ﴿ بَغۡتَةً﴾ تۇيۇقسىز، ئالدىن خەۋەر بولماستىن ۋە مۇقەددىمىلىرى كۆرۈلمەستىنلا كەلگەن ئازابنى كۆرسەتسە، ﴿ جَهۡرَةً﴾ باشتا ئازراق شەپە

بىرىپ، مۇقەددىملىرى كۆرۈلۈپ كەلگەن ئازابنى كۆرستىدۇ. قەۋملەرنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان بۇنداق ئازاب كۇفرىلىق ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان زالىم قەۋملەرگىلا كېلىدۇ.

وَمَا نُرْسِلُ ٱلْمُرْسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ ۖ فَمَنْ ءَامَنَ وَأَصْلَحَ
فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٤٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا
يَمَسُّهُمُ ٱلْعَذَابُ بِمَا كَانُوا۟ يَفْسُقُونَ ﴿٤٩﴾ قُل لَّآ أَقُولُ لَكُمْ عِندِى
خَزَآئِنُ ٱللَّهِ وَلَآ أَعْلَمُ ٱلْغَيْبَ وَلَآ أَقُولُ لَكُمْ إِنِّى مَلَكٌ ۖ إِنْ أَتَّبِعُ
إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ ۚ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْبَصِيرُ ۚ أَفَلَا
تَتَفَكَّرُونَ ﴿٥٠﴾

***بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتىمىز①، كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە (ئەمەلنى) تۈزەتسە، ئۇلارغا ھېچ قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ② [48]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازاب دۇچار بولىدۇ③ [49]. (ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى تەلەپ قىلغۇچى كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە، ‹مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار›، ‹مەن غەيبنى بىلىمەن› دېمەيمەن، يەنە سىلەرگە ‹مەن بولسام بىر پەرىشتە› دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن»④. ئېيتقىنكى، «كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟⑤ ئويلاپ باقماسىلەر؟» [50]***

① ئۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا نېمەت بىلەن بېشارەت بېرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلمىغان كىشىلەرنى جەھەننەم ۋە ئۇنىڭ ئازابلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

② يەنى ئۇلار كەلگۈسىدىن (يەنى ئاخىرەتتە دۇچ كېلىدىغان ئىشلاردىن)

غەم-ئەندىشە قىلمايدۇ يەنە دۇنيادا تاشلاپ كەلگەن ۋە ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىگە قايغۇرمايدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى ئالەمدە ئۇلارنىڭ ئىگىسى يەنىلا ئاللەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتۇر، ئۇ ئۇلار قالدۇرۇپ كەلگەن نەرسىلەرگە ئىگە بولغۇچى ۋە ساقلىغۇچىدۇر.

③ يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى، كاپىر بولغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمىغانلىقى، ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ھارام ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالا ھۆرمىتىنى ساقلاشقا بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىقى ئۈچۈن ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

④ يەنى مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرىمۇ يوق يەنى ھەرخىل كۈچ-قۇدرەت ۋە ئىقتىدار يوق. مەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىزنى بولماستىن، سىلەر تەلەپ قىلغان، ھەق پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان چوڭ مۆجىزىنى كەلتۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن، كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرەلمەيمەن. مەن غەيبتىن پەقەت ئاللاھ تائالا ماڭا بىلدۈرگەننىلا بىلىمەن. مەن ئۆزۈمنى پەرىشتە دەپ دەۋامۇ قىلمايمەن، ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ كۆرسەت دەپ تۇرىۋالساڭلار، مەن قىلالمايمەن. مەن پەقەت ماڭا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىمەن.

ئۇ يەنە ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ماڭا قۇرئان بېرىلدى، يەنە قۇرئانغا ئوخشاش ئىلىم بېرىلدى». (مۇسنەدى ئەھمەد **4**-توم، **131**-بەت، سۈنەنى ئەبى داۋۇد **4604**-ھەدىس، سەھىھۇل جامى سەغىر **2643**-ھەدىس) يەنى قۇرئانغا ئوخشاش ئىلىم-ھەدىس شېرىپتۇر.

⑤ بۇ يەردىكى سوئال جۈملە ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى كۆزى كۆرىدىغان ئادەم بىلەن ئەما ئادەم، توغرا يول تاپقان ئادەم بىلەن ھەقتىن ئېزىپ كەتكەن ئادەم ۋە مۇئمىن بىلەن كاپىر باراۋەر بولالمايدۇ.

وَأَنذِرْ بِهِ ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَن يُحْشَرُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّهِمْ لَيْسَ لَهُم مِّن
دُونِهِۦ وَلِىٌّ وَلَا شَفِيعٌ لَّعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿٥١﴾ وَلَا تَطْرُدِ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ
رَبَّهُم بِٱلْغَدَوٰةِ وَٱلْعَشِىِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُۥ ۖ مَا عَلَيْكَ مِنْ حِسَابِهِم
مِّن شَىْءٍ وَمَا مِنْ حِسَابِكَ عَلَيْهِم مِّن شَىْءٍ فَتَطْرُدَهُمْ فَتَكُونَ

مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٢﴾ وَكَذَٰلِكَ فَتَنَّا بَعۡضَهُم بِبَعۡضٖ لِّيَقُولُوٓاْ أَهَٰٓؤُلَآءِ
مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنۢ بَيۡنِنَآۗ أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَعۡلَمَ بِٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٥٣﴾

*رەببىڭنىڭ دەرگاھىغا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق دوستى ۋە شاپائەتچىسى يوق ھالەتتە توپلىنىشتىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن① [51]. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا رەببىگە ئىبادەت قىلىدىغانلارنى سەن (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچنەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئەگەر سەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن② [52]. بىز ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي، مۆتىۋەر كىشىلەرنى سىنىدۇق). بۇ ئۇلارنىڭ بەزىسى (بەزىسىنى كۆزگە ئىلماي): «ئارىمىزدىن ئاللاھ (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمىكەن؟»③ دېيىشلىرى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟! (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدۇ)④ [53].*

① يەنى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ پايدىسى ئاشۇنداق كىشىلەرگىلا بولىدۇ، ئەمما ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ۋە قىيامەت مەيدانىدا جەم بولۇشقا ئىشەنمەيدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىدا قېلىۋېرىدۇ. بۇ ئايەت يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ۋە بۇتلىرىنى ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئەھلى كىتاب، كاپىر ۋە مۇشرىكلارغا رەددىيەدۇر.

«ھېچقانداق دوستى ۋە شاپائەتچىسى يوق» دېگەننىڭ مەنىسى :جەھەننەمنىڭ ئازابىغا لايىق بولۇپ، ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانلارنىڭ ھېچقانداق دوستى ۋە شاپائەتچىسى بولمايدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىدۇ. دېمەك، مۇشرىكلار ۋە كاپىرلارغا شاپائەت قىلغۇچى يوق، ئەمما بەزى گۇناھلارنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن مۇئمىنلەرگە

شاپائەت قىلغۇچى بار. مۇشۇ تەرىقىدە چۈشەنگەندە ھەر ئىككى ئايەتنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق قالمايدۇ.

② يەنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئەتىگەن-ئاخشامدا رەببىگە دۇئا قىلىدىغان ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلارنى (يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى) مۇشرىكلارنىڭ: «ئى مۇھەممەد! سەن ئەتراپىڭغا جەم بولغان نامراتلارنى ھەيدىۋەتسەڭ، ئاندىن سەن بىلەن بىللە ئولتۇرىمىز» دېگەن تەنە سۆزلىرى ياكى تەلەپلىرىگە بىنائەن ئۇ پېقىرلەرنى يېنىڭدىن قوغلىۋەتمىگىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچبىر ھېسابى سەندىن ئېلىنمايدۇ، سېنىڭ ھېچبىر ھېسابىڭ ئۇلاردىن ئېلىنمايدۇ. ئەگەر سەن شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، زۇلۇم قىلغان بولىسەن. زۇلۇم قىلىش سېنىڭ خۇسۇسىيىتىڭ ئەمەس.

بۇ ئايەتنىڭ مەقسىتى، ئاجىز كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈش ياكى ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ياكى ئۇلار بىلەن ئالاقە-مۇناسىۋەت قىلماسلىق مۆئمىنلەرنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى جاھىللارنىڭ قىلمىشى ئىكەنلىكىنى ئۇممەتكە چۈشەندۈرۈشتۇر. چۈنكى مۆئمىن دېگەن مۆئمىننى، گەرچە پېقىر-مىسكىن بولسىمۇ، ياخشى كۆرىدۇ.

③ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كۆپ ساندا مۇسۇلمان بولغانلار پېقىر-مىسكىنلەر ئىدى. شۇڭا بۇ كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئۈچۈن بىر سىناق بولغان ئىدى، ئۇلار ئۇ پېقىر-مىسكىنلەرنى مەسخىرە قىلاتتى، كۈچى يەتكەنلىرىنى تۈتۈپ قاتتىق جازالايتتى ۋە ھەرخىل ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزەتتى. ئۇلار: ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنلەر مۇشۇ كىشىلەرمۇ؟ ئەگەر ئىمان ئېيتىش راستىنلا ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بولغان بولسا، ھەممىدىن بۇرۇن بىزگە نېسىپ بولغان بولاتتى، دەيتتى. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿كاپىرلار مۆئمىنلەرگە: ‹ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى› دېدى﴾. (سۈرە ئەھقاف11-ئايەت) يەنى بىز ئۇ ئاجىز كىشىلەردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان بولاتتۇق دەيتتى.

④ ئاللاھ تائالا پارقىراق تاشقى قىياپەتكە، سالاپەتكە ۋە قورۇق دەۋالارغا قارىمايدۇ بەلكى دىللارغا قارايدۇ. دىللارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، كىمنىڭ شۈكۈر قىلىدىغان ئەمەلىيەتچى ۋە كىمنىڭ سەپسەتچى ئىكەنلىكىنى

ئايرىيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئەمەلىيىتى ۋە چىن دىلى بىلەن شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئىمانىنىڭ بەخت-سائادىتىگە باشلايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىڭلارغا ۋە ماللىرىڭلارغا قارىمايدۇ. بەلكى سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2564-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 4143-ھەدىس)

وَإِذَا جَآءَكَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِنَا فَقُلۡ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡۖ كَتَبَ رَبُّكُمۡ عَلَىٰ نَفۡسِهِ ٱلرَّحۡمَةَ أَنَّهُۥ مَنۡ عَمِلَ مِنكُمۡ سُوٓءَۢا بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ تَابَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَصۡلَحَ فَأَنَّهُۥ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٥٤﴾ وَكَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ وَلِتَسۡتَبِينَ سَبِيلُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٥٥﴾

***بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەن چاغدا (سەن ئۇلارغا): «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن①، پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى②، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە، (ئاللاھ ئۇنى كەچۈرىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە بەكمۇ رەھىم قىلغۇچىدۇر» دېگىن③ [54]. (بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلغىنىمىزدەك) گۇناھكارلارنىڭ يولىنىڭ ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى ئاشۇنداق ئوچۇق بايان قىلىمىز [55].***

① يەنى سەن ئۇلارغا سالام قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلغىن.

② يەنى ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن شۈكۈر قىلغۇچى بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىشنى ئالدىن قارار قىلغۇەتكەنلىكى بىلەن بېشارەت بەرگىن.

مەسىلەن: ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا يارىتىشنى تامامـلاپ بولۇپ، ئەرشنىڭ ئۈستىدىكى كىتابقا ‹ھەقىقەتەن رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۈستۈن كەلدى› دەپ يازدى». (سەھىھۇل بۇخارى 7404-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2751-ھەدىس)

③ بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەر ئۈچۈنمۇ بېشارەت بار، چۈنكى ئۇلارنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئەگەر ئۇلار نادانلىق قىلىپ ياكى ئىنسانىي ئاجىزلىقىدىن گۇناھ ئىش قىلىپ سالسا، دەرھال تەۋبە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىۋالىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەردە چىڭ تۇرىۋالمايدۇ ھەم داۋاملاشتۇرمايدۇ، يەنە تەۋبە قىلىشتىن باش تارتمايدۇ.

قُلۡ إِنِّي نُهِيتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِۚ قُل لَّآ أَتَّبِعُ
أَهۡوَآءَكُمۡ قَدۡ ضَلَلۡتُ إِذٗا وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُهۡتَدِينَ ٥٦ قُلۡ إِنِّي عَلَىٰ
بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَكَذَّبۡتُم بِهِۦۚ مَا عِندِي مَا تَسۡتَعۡجِلُونَ بِهِۦٓۚ إِنِ
ٱلۡحُكۡمُ إِلَّا لِلَّهِۖ يَقُصُّ ٱلۡحَقَّۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلۡفَٰصِلِينَ ٥٧ قُل لَّوۡ أَنَّ
عِندِي مَا تَسۡتَعۡجِلُونَ بِهِۦ لَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡۗ وَٱللَّهُ
أَعۡلَمُ بِٱلظَّٰلِمِينَ ٥٨

***(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن مەن ئەلۋەتتە مەنئى قىلىندىم». ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگەشمەيمەن، ئەگەر مەن سىلەرگە ئەگەشسەم، ھەقىقەتەن ئېزىپ كەتكەن بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن»① [56]. ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن مەن رەببىم تەرىپىدىن (كەلگەن) روشەن دەلىلگە② ئاساسلىنىمەن، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدىڭلار، سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس، بارچە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر③، ئاللاھ ھەقنى سۆزلەيدۇ④، ئۇ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» [57]. ئېيتقىنكى، «سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئۇ چاغدا مەن***

***بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش چوقۇم بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان بولاتتى (يەنى سىلەردىن ئارام تېپىش ئۈچۈن، سىلەرنى ھالاك قىلغان بولاتتىم)⑤». ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلىدۇ [58].***

① يەنى ئەگەر مەن سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاپ، سىلەرنىڭ خاھىشىڭلار بويىچە ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشقا باشلىسام، ئەلۋەتتە مەنمۇ گۇمراھ بولۇپ كېتىمەن. دېمەك ئاللاھتىن باشقىغا چوقۇنۇش ۋە ئىبادەت قىلىش ھەممىدىن چوڭ گۇمراھلىقتۇر.

② «روشەن دەلىل» دېگەندە ۋەھىي ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان دىن ۋە شەرىئەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدا تەۋھىد مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

③ پۈتۈن كائىناتتا ئاللاھنىڭلا ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. سىلەر مېنىڭ سۆزۈمنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا ئازابنىڭ بالدۇرلا كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر، بۇ ئىشمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە، ئەگەر ئۇ خالىسا، سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار بويىچە بالدۇرلا ئازاب چۈشۈرۈپ، سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ياكى ھالاك قىلىدۇ. خالىسا، ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە سىلەرگە مەلۇم مۇددەتكىچە مۆھلەت بېرىدۇ.

④ ﴿يَقُصُّ﴾نى «قَصَصٌ»دىن تۇرلىنىپ چىققان دەپ ئالغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى، «يَقُصُّ قَصَصَ الْحَقِّ» (ھەقنى سۆزلەيدۇ، ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ) دېگەن بولىدۇ. ئەگەر «قَصَّ أَثَرَهُ» (ئىزىغا ئەگەشتى) دېگەندىن تۇرلىنىپ چىققان دەپ ئالغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى، «يَتْبَعُ الْحَقَّ فِيْمَا يَحْكُمُ» (ئۆزى ھۆكۈم قىلغان ئىشتا ھەققە ئەگىشىدۇ. ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ يەنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ھۆكۈم قىلىدۇ) دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالا مېنىڭ تەلىپىمگە ئاساسەن دەرھال ئازاب ئەۋەتسە ياكى ئاللاھ تائالا ماڭا ئازاب چۈشۈرۈش ھوقۇقىنى بەرسە، ئەلۋەتتە تەلىپىڭلارغا ئاساسەن مەن سىلەرگە ئازابنى چۈشۈرۈپ، تېزلا ھۆكۈم قىلغان بولاتتىم. لېكىن بۇ ئىش پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىرادىسىغا باغلىقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا نە ماڭا بۇنداق ھوقۇقنى بەرگىنى يوق، نە

مىنىڭ تەلەپ قىلىشىم بىلەنلا دەرھال ئازاب چۈشۈرمەيدۇ.

ئىزاھات: ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹تاغقا مەسئۇل پەرىشتە ماڭا سالام بېرىپ: ئى مۇھەممەد! ئەگەر خالىساڭ مەن مەككە ئاھالىسىنىڭ ئۈستىگە مەككىدىكى ئىككى تاغنى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىمەن دېدى› مەن: ‹ياق، ئۇنداق قىلمىغىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت يالغۇز ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن› دېدىم» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 3231-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1795-ھەدىس)

بۇ ھەدىس مەزكۇر ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا زىت ئەمەس، چۈنكى ئايەتتە بولسا، كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئازاب تىلىگەنلىكىگە ئاساسەن ئازابنى چۈشۈرۈشنى خالايدىغانلىقى ئىزھار قىلىنغان. ئەمما بۇ ھەدىستە مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئازاب چۈشۈرۈشنى تىلىمىگەن بولسىمۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ ئازاب ئەۋەتىش ئىرادىسى ئىزھار قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇلارنىڭ جازالىنىشىنى خالىمىغان.

۞ وَعِندَهُۥ مَفَاتِحُ ٱلۡغَيۡبِ لَا يَعۡلَمُهَآ إِلَّا هُوَۚ وَيَعۡلَمُ مَا فِي ٱلۡبَرِّ
وَٱلۡبَحۡرِۚ وَمَا تَسۡقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلَّا يَعۡلَمُهَا وَلَا حَبَّةٖ فِي ظُلُمَٰتِ
ٱلۡأَرۡضِ وَلَا رَطۡبٖ وَلَا يَابِسٍ إِلَّا فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٖ ﴿٥٩﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي
يَتَوَفَّىٰكُم بِٱلَّيۡلِ وَيَعۡلَمُ مَا جَرَحۡتُم بِٱلنَّهَارِ ثُمَّ يَبۡعَثُكُمۡ فِيهِ
لِيُقۡضَىٰٓ أَجَلٞ مُّسَمّٗىۖ ثُمَّ إِلَيۡهِ مَرۡجِعُكُمۡ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ﴿٦٠﴾

*غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى (خەزىنىلىرى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئاللاھ قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن*

***ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر تال ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندۇر① [59]. ئاللاھ شۇنداق زاتكى، كېچىسى (روھىڭلارنى بىر شەكىلدە ئېلىپ) سىلەرنى ئۇخلىتىدۇ②، كۈندۈزدە قىلغان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە (ياشىشىڭلار ئۈچۈن)③، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ④، ئاندىن قايتىدىغان جايىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر⑤، ئاندىن ئۇ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ [60].***

① ﴿ كِتَٰبٍ مُّبِينٍ﴾ لەۋھۇلمەھپۇزنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدىكى، غەيبلەرنى بىلگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر، غەيبنىڭ ھەممە ئاچقۇچلىرى ئۇنىڭ ئىلكىدە. شۇڭا كاپىرلار، مۇشرىكلار ۋە ھەق بىلەن قارشىلاشقۇچىلارغا قاچان ئازاب كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئاللاھ ئۆزى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى بەشتۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە بايان قىلغان: ﴿شەكسىزكى، قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. يامغۇرنى ئاللاھ (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بالىياتقۇدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ ياكى بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچكىم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى-يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر﴾». (سەھىھۇل بۇخارى، 4627-ھەدىس) يۇقىرىدىكى بەش ئىشنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

② بۇ ئايەتتە ئۇخلىتىدۇ دېگەن پېئىل ئۈچۈن ﴿ يَتَوَفَّىٰكُم﴾ «روھىڭلارنى ئالىدۇ، ۋاپات قىلدۇرىدۇ» دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى ئۇيقۇ كىچىك ئۆلۈم (يەنى يېرىم ئۆلۈم)؛ ۋاپات بولۇش چوڭ ئۆلۈم، يەنى ھەقىقىي ئۆلۈم دەپ ئاتىلىدۇ. ﴿ يَتَوَفَّىٰكُم﴾نىڭ «ۋاپات قىلدۇرىدۇ» دېگەن مەنىدە

كېلىدىغانلىقى ئال ئىمران 55-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە شەرھىلەندى.

③ يەنى ئىنسانىنىڭ كېچىدە يېرىم ئۆلۈپ، كۈندۈزى تىرىلىپ تۇرۇشى ئۇ ئەجىلى يېتىپ، ھەقىقىي ئۆلۈم كەلگىچە داۋاملىشىدۇ.

④ يەنى كۈندۈزى روھنى قايتۇرۇپ تىرىلدۈرىدۇ.

⑤ ئاندىن قىيامەت كۈنى ھەممىڭلار تىرىلىپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ھازىر بولىسىلەر.

وَهُوَ ٱلْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِۦ ۖ وَيُرْسِلُ عَلَيْكُمْ حَفَظَةً حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ
أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ تَوَفَّتْهُ رُسُلُنَا وَهُمْ لَا يُفَرِّطُونَ ﴿٦١﴾ ثُمَّ رُدُّوٓا۟ إِلَى
ٱللَّهِ مَوْلَىٰهُمُ ٱلْحَقِّ ۚ أَلَا لَهُ ٱلْحُكْمُ وَهُوَ أَسْرَعُ ٱلْحَٰسِبِينَ ﴿٦٢﴾

***ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان - ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ، نىھايەت بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلگەندە، بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قىلچە بىپەرۋالىق قىلماستىن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ① [61]. ئاندىن ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ② . بىلىڭلاركى، ھۆكۈم قىلىش يالغۇز ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھ ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر [62].***

① يەنى ئۇ پەرىشتىلەر ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇلارنىڭ جانلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشتا قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. ئۇلار يەنە، ئۆلگۈچى كىشى ئەگەر ياخشىلاردىن بولسا، ئۇنىڭ روھىنى ئىللىيىيۇنغا؛ ئەگەر ئۇ يامانلاردىن بولسا، ئۇنىڭ روھىنى سىججىنغا يەتكۈزىدۇ.

② بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى «قايتۇرۇلىدۇ» دېگەن پېئىلنى

پەرىشتىلەرگە قارىتىلغان دەپ ئېلىپ، پەرىشتىلەر بەندىلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى پۈتۈن ئىنسانلارغا قارىتىلغان دەپ ئېلىپ، بارلىق ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن چىقىرىلغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرىلىدۇ، يەنى توغرىلىنىدۇ، دەيدۇ. دېمەك ئۇلار ھېساب مەيدانىغا ھازىر قىلىنىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن جان ئالغۇچى پەرىشتىلەر ﴿رُسُلُ﴾ دەپ كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن. بۇنىڭدىن زاھىرەن جان ئالغۇچى پەرىشتىنىڭ بىر ئەمەس، بىر نەچچە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق ئىزاھلىغان: قۇرئان كەرىمدە جان ئالغۇچى ئاللاھ تائالا ئۆزى دېيىلگەن: ﴿ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ﴾ (سۈرە زۇمەر 42-ئايەت)، يەنە جان ئالغۇچى ﴿مَلَكُ الْمَوْتِ﴾ بىر پەرىشتە دەپمۇ كەلگەن: ﴿سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ﴾. (سۈرە سەجدە11-ئايەت) يەنە بۇ ئايەتتە، شۇنداقلا سۈرە نىسا 97-ئايەت ۋە سۈرە ئەنئام 93-ئايەتتە كەلگەندەك جان ئالغۇچىلارنىڭ بىر قانچە پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىمۇ بايان قىلىنغان.

جان ئالغۇچىنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىشتىكى سەۋەب شۇ جەھەتتىنكى، ئەسلي ئەمر قىلغۇچى، ھەر پېئىلنىڭ ھەقىقىي قىلغۇچىسى ئاللاھتۇر. جان ئېلىش ۋەزىپىسىنى بىر قانچە پەرىشتىلەرگە مەنسۇپ قىلىش شۇ ۋەجىدىنكى، ئۇلار جان ئېلىشقا مۇئەككەل پەرىشتىنىڭ ياردەمچىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى موسكۇل، تومۇر ۋە نېرۋىلاردىن جاننى سۇغۇرۇش ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن جىسىم بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشتۇر. جان ئېلىش ۋەزىپىسىنى بىر مۇئەككەل پەرىشتىگە مەنسۇپ قىلىشنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاخىرى ئۇ جاننى ئېلىپ، ئاسمانلار تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ. (تەپسىر روھۇلمەئانى، 5/256). ھاپىز ئىبنى كەسىر، ئىمام شەۋكانى ۋە باشقا كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار جان ئالغۇچىنىڭ بىر پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، سۈرە سەجدىنىڭ ئايىتى ۋە مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 287-بەتتىكى، بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. بەزى ئايەتلەردە جان ئالغۇچىنىڭ كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەنلىكى ئۇنىڭ بىلەن

بىللە كەلگەن ياردەمچى پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە جان ئالغۇچى پەرىشتىنىڭ ئىسمى «ئەزرائىل» دېيىلگەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

قُلْ مَن يُنَجِّيكُم مِّن ظُلُمَٰتِ ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ تَدْعُونَهُۥ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً لَّئِنْ أَنجَىٰنَا مِنْ هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٦٣﴾ قُلِ ٱللَّهُ يُنَجِّيكُم مِّنْهَا وَمِن كُلِّ كَرْبٍ ثُمَّ أَنتُمْ تُشْرِكُونَ ﴿٦٤﴾ قُلْ هُوَ ٱلْقَادِرُ عَلَىٰٓ أَن يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِّن فَوْقِكُمْ أَوْ مِن تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ أَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعًا وَيُذِيقَ بَعْضَكُم بَأْسَ بَعْضٍ ٱنظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّهُمْ يَفْقَهُونَ ﴿٦٥﴾

***(ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ زۇلمەتلىرىدىن (يەنى بالايىئاپەتلىرى) سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بالايىئاپەت كەلگەن چاغدا) سىلەر: ‹ئەگەر (ئاللاھ) بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا، چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز› دەپ ئاللاھقا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ، يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر.» [63] ئېيتقىنكى، «سىلەرنى ئۇ زۇلمەتلەردىن ۋە بارلىق غەم ـ قايغۇلاردىن (يالغۇز) ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر (يەنە ئۇنىڭغا) شېرىك كەلتۈرىسىلەر» [64]. ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن① (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، پىل ئىگىلىرىگە ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن② (پىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەرگە بۆلۈپ (ئۇرۇشتۇرۇپ)، بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا③ قادىردۇر» ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى (تۈرلۈك شەكىللەردە) قانداق بايان قىلىۋاتقانلىقىمىزغا قارىغىن [65].***

① يەنى ئاللاھ تائالا ئاسماندىن قاتتىق يامغۇر ۋە تاش ياغدۇرۇپ ياكى قاتتىق بورانلارنى ئەۋەتىپ جازالاشقا ياكى ھاكىم ۋە پادىشاھلار تەرىپىدىن

زۇلۇم كەلتۈرۈش بىلەن جازالاشقا قادىردۇر.

② يەنى يەرگە يۇتقۇزۇشقا ياكى توپان كەبى كەلكۈن كەلتۈرۈپ ھەممىڭلارنى غەرق قىلىۋېتىشكە ياكى قول ئاستىڭلاردىكى خادىملار، قۇللار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىيانەت قىلىشى ئارقىلىق جازالاشقا قادىردۇر.

③ ﴿يَلۡبِسَكُمۡ﴾ «يَخْلُطَ أَمْرَكُمْ» «سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئىلەشتۈرۈپ، قالايمىقانلاشتۇرۇپ ياكى ئاراڭلاردا شۈبھە پەيدا قىلىپ، شۇ سەۋەبتىن سىلەرنى پىرقە ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈشكە قادىردۇر. نەتىجىدە ﴿يُذِيقَ﴾ بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈرىسىلەر، ھەربىر گۇرۇھ يەنە بىر گۇرۇھقا ئۇرۇشنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىتىدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر) بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمدىن نامازدا ئۈچ ئىشنى سورىدىم، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىككىسىگە ماقۇل بولۇپ، بىرىنى رەت قىلدى. مەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمدىن بىزنى بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئازابلار بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىدىم. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. مەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمدىن بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلماسلىقنى سورىدىم. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدى. مەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمدىن ئۈممىتىمنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئازاب قىلىشماسلىقنى سورىدىم. ئاللاھ تائالا ئۇنى رەت قىلدى» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم 2890-ھەدىس) يەنى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئارىسىدا ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلماسلىق ۋە قۇرئان-ھەدىستىن يۈز ئۆرۈشتۇر، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە مەزكۇر شەكىلدىكى ئازابقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمۇ دۇچار بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قەۋملەرنىڭ ئىستىلى ۋە ئەخلاقىغا قارىتا تۇتقان يولى ۋە ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر. ﴿ئاللاھنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، ئاللاھنىڭ يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ كۆرمەيسەن﴾. (سۈرە فاتىر 43-ئايەت)

وَكَذَّبَ بِهِۦ قَوۡمُكَ وَهُوَ ٱلۡحَقُّۚ قُل لَّسۡتُ عَلَيۡكُم بِوَكِيلٖ ٦٦

لِّكُلِّ نَبَإٖ مُّسۡتَقَرّٞۚ وَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ٦٧ وَإِذَا رَأَيۡتَ ٱلَّذِينَ يَخُوضُونَ
فِيٓ ءَايَٰتِنَا فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ حَتَّىٰ يَخُوضُواْ فِي حَدِيثٍ غَيۡرِهِۦۚ وَإِمَّا
يُنسِيَنَّكَ ٱلشَّيۡطَٰنُ فَلَا تَقۡعُدۡ بَعۡدَ ٱلذِّكۡرَىٰ مَعَ ٱلۡقَوۡمِ
ٱلظَّٰلِمِينَ ٦٨ وَمَا عَلَى ٱلَّذِينَ يَتَّقُونَ مِنۡ حِسَابِهِم مِّن شَيۡءٖ
وَلَٰكِن ذِكۡرَىٰ لَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ٦٩

***قۇرئان ھەق تۇرسا، سېنىڭ قەۋمىڭ ئۇنى ئىنكار قىلدى①. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەس» دېگىن② [66]. (ئاللاھ تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەربىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار، (سىلەر بۇنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر [67]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ھەققىدە (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) قالايمىقان گەپ قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا گەپكە يۆتكەلمىگۈچە ئۇلاردىن يىراق تۇرغىن، (ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشنى) شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، بۇنداق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن③ [68]. تەقۋادارلارغا ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرئاننى مەسخىرە قىلغۇچى كاپىرلارنىڭ) ھېسابىدىن ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ④. لېكىن (شۇنداقتىمۇ)، تەقۋادارلار ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىشى كېرەك. (شۇنداق قىلغاندا) ئۇلار (قۇرئاننى مەسخىرە قىلىشتىن) ساقلىنىشى مۇمكىن⑤ [69].***

① ﴿بِهِۦ﴾ دىكى ئالماش قۇرئاننى ياكى ئازابنى كۆرسىتىدۇ. يەنى «ئازاب ھەق تۇرسا، سېنىڭ قەۋمىڭ ئۇنى ئىنكار قىلدى». (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى مەن سىلەرنى ھىدايەت يولىغا ئېلىپ كىرىشكە مەسئۇل ئەمەسمەن. مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت دەۋەت قىلىش ۋە دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ‹(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىندۇر، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن!› دېگىن﴾. (سۈرە كەھف 29-ئايەت)

③ ئايەتتە گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىنغان

بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھۆكمى مۇسۇلمان ئۈممەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا قارىتىلغان. بۇ قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا تەكىتلەش يۈزىسىدىن تەكرار بايان قىلىنغان ئاللاھ تائالانىڭ مۇھىم چەكلىمىسىدۇر. بۇ نۇقتا سۈرە نىسانىڭ 140-ئايىتىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئايەت ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى مەسخىرە قىلىنىدىغان ۋە كەمسىتىلىدىغان ھەر قانداق سورۇن ۋە يىغىنلاردا ئولتۇرۇشنىڭ قاتتىق گۇناھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چەكلىمىگە بىر قىسىم بىدئەتچى ۋە ئازغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خاتا كۆز قاراشلىرى ۋە بىمەنە چۈشەندۈرۈشلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى بۇرمىلايدىغان ئولتۇرۇش ۋە يىغىلىشلارمۇ كىرىدۇ. بۇنداق يىغىنلارغا خاتالىقنى تەنقىدلەش ۋە ھەق سۆزنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قاتنىشىش جايىز بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئېغىر گۇناھقا شېرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

④ «ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن» يەنى قۇرئاننى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسە تەقۋادارلارغا يۈكلەنمەيدۇ. يەنى تەقۋادارلار ئۇلاردىن يىراقلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىر مەجلىستە ئولتۇرمىسا، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولىدۇ، تەقۋادارلار ئۇ گۇناھتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش ۋە ئايرىم ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلغان بولساڭلارمۇ، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش مەسئۇلىيىتىڭلارنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشىڭلار كېرەك، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يامان قىلمىشتىن ئۆزلىرىنى ساقلىشى مۇمكىن.

وَذَرِ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَهُمۡ لَعِبٗا وَلَهۡوٗا وَغَرَّتۡهُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَاۚ
وَذَكِّرۡ بِهِۦٓ أَن تُبۡسَلَ نَفۡسُۢ بِمَا كَسَبَتۡ لَيۡسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ
وَلِيّٞ وَلَا شَفِيعٞ وَإِن تَعۡدِلۡ كُلَّ عَدۡلٖ لَّا يُؤۡخَذۡ مِنۡهَآۗ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
أُبۡسِلُواْ بِمَا كَسَبُواْۖ لَهُمۡ شَرَابٞ مِّنۡ حَمِيمٖ وَعَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ
يَكۡفُرُونَ ٧٠

***دىنىنى ئويۇن - تاماشا قىلىۋالغان ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى قويۇپ تۇرغىن. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشى سەۋەبلىك ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا) قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىلغىن①، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئۇ ھەر قانداق فىدىيە (تۆلەم) بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ②. ئەنە شۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنغانلاردۇر. ئۇلارغا كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن قايناپ تۇرغان شاراب ۋە قاتتىق ئازاب بار [70].***

① ﴿ تُبْسَلَ﴾ يەنى «لِئَلَّا تُبْسَلَ» جازالانماسلىقى ۋە ھالاك بولماسلىقى ئۈچۈن. «بَسَلٌ»نىڭ ئەسلىي مەنىسى چەكلەش دېمەكتۇر. «شُجَاعٌ بَاسِلٌ» (جۈرئەتلىك باتۇر) مۇ مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن. مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزنىڭ بىر نەچچە خىل مەنىسىنى بايان قىلغان: 1 ـ« تُسَلَّمُ» تاپشۇرۇپ بېرىلمەك. 2 ـ« تُفْضَحُ» رەسۋا قىلىنماق. 3 ـ« تُؤاخَذُ» جاۋابكارلىققا تارتىلماق. 4 ـ« تُجَازَى» جازالانماق. ئىمام ئىبنى كەسىر ئۇنى مۇنداق ئىزاھلىغان: بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولۇپ، بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەندە، ھەربىر جان ئۆز قىلمىشى سەۋەبىدىن ھالاكەتكە تاپشۇرۇلماسلىقى ئۈچۈن، رەسۋا قىلىنماسلىقى ئۈچۈن، جاۋابكارلىققا تارتىلماسلىقى ۋە جازالانماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا مۇشۇ قۇرئان بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، دېگەن بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەنىلەر ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە «ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن» دەپ ئىپادىلەنگەن.

② دۇنيادا ئىنسان ئومۇمەن بىرەر دوستىنىڭ ياردىمى ياكى بىرسىنىڭ شاپائىتى بىلەن ياكى بىرسىگە پۇل ـ مال بېرىپ، مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلىدۇ. لېكىن ئاخىرەتتە بۇ ئۈچ ۋاستە ئىشلىمەيدۇ. ئۇ يەردە كاپىرلارغا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچبىر دوست چىقمايدۇ. ھېچكىمنىڭ شاپائىتى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن نىجاتلىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ھېچكىمدە ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆلەيدىغان پۇل ـ مال بولمايدۇ. بولغان تەقدىردىمۇ (شۇنداق پەرەز قىلساقمۇ) بېرىپ قۇتۇلاي دېسە، ھەم قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ئۇقۇم قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا بايان قىلىندى.

قُلۡ أَنَدۡعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُنَا وَلَا يَضُرُّنَا وَنُرَدُّ عَلَىٰٓ
أَعۡقَابِنَا بَعۡدَ إِذۡ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ كَٱلَّذِي ٱسۡتَهۡوَتۡهُ ٱلشَّيَٰطِينُ فِي ٱلۡأَرۡضِ
حَيۡرَانَ لَهُۥٓ أَصۡحَٰبٞ يَدۡعُونَهُۥٓ إِلَى ٱلۡهُدَى ٱئۡتِنَاۗ قُلۡ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ
هُوَ ٱلۡهُدَىٰۖ وَأُمِرۡنَا لِنُسۡلِمَ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٧١﴾ وَأَنۡ أَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ
وَٱتَّقُوهُۚ وَهُوَ ٱلَّذِيٓ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ﴿٧٢﴾

***(ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھنى قويۇپ، بىزگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامدۇق؟ ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن ئارقىمىزغا چېكىنەمدۇق؟ (يەنى مۇرتەد بولامدۇق؟) (مۇبادا بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق) شەيتانلار ئازدۇرۇپ بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، (چۆلدە) تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بىرى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان (بولسىمۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي ئاخىر ھالاك بولغان) بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالىمىز①. ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ ھىدايىتىلا ھەقىقىي ھىدايەتتۇر②، بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇق [71]. بىز يەنە ‹نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار› (دەپ بۇيرۇلدۇق)③. سىلەر ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر [72].***

① ئىمام ئىبنى جەرىر بۇ مىسالنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن كاپىر بولساڭلار، سىلەرنىڭ مىسالىڭلار بىر قەۋم بىلەن توغرا يولدا كېتىۋېتىپ ئېزىپ كەتكەن ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇنى شەيتانلار قايمۇقتۇرۇپ، بىر چۆلگە باشلاپ كېلىدۇ. ھەمراھلىرى يول ئۈستىدە تۇرۇپ، بىرى كەل، بىز توغرا يولدا، دەپ ئۇنى ئۆزلىرى تەرەپكە چاقىرىشىدۇ، ئۇ ئادەم قايمۇققان ھالدا ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالمايدۇ. مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ مىسالىدۇر. توغرا يولغا چاقىرغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر ۋە توغرا يول بولسا، ئىسلامدۇر».

② دېمەك، كۇفرى-شېرىكنىڭ يولىنى تاللاپ گۇمراھ بولغانلار، ئازغۇن يولۇچىغا ئوخشاش ھىدايەت تەرەپكە كېلەلمەيدۇ. ئەمما ئەگەر ئاللاھ

تائالا ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن توغرا يولغا قايتىدۇ. چۈنكى ھىدايەت يولغا كىرگۈزۈش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، ئاللاھ ئۆزى گۇمراھ قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق مەدەتكار يوق﴾. (سۈرە نەھل 37-ئايەت) بۇ ھىدايەتكە باشلاش ۋە گۇمراھ قىلىش ئاللاھ تائالا ئۆزى بەلگىلىگەن ئۇسۇل-قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن بولىدۇ. خالىغان ئادەمنى ھىدايەت يولىغا، خالىمىغان ئادەمنى گۇمراھلىق يولىغا ئۆزىچىلا باشلاپ قويمايدۇ. بۇ نۇقتا بىر نەچچە جايدا ئوچۇق بايان قىلىندى.

③ يەنى بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا، ناماز ئوقۇشقا ۋە ئاللاھتىن قورقۇشقا بۇيرۇلدۇق. ئاللاھقا بويسۇنغاندىن كېيىن يەنى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى بۇيرۇلغان بىرىنچى ئەمەل نامازدۇر. بۇنىڭدىن نامازنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ئايان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەندە تەقۋادارلىققا بۇيرۇلغان، نامازنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىشمۇ پەقەت كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە تەقۋادارلىق بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. ﴿ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر﴾. (سۈرە بەقەرە 45-ئايەت)

وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ ۖ وَيَوْمَ يَقُولُ كُن
فَيَكُونُ ۚ قَوْلُهُ ٱلْحَقُّ ۚ وَلَهُ ٱلْمُلْكُ يَوْمَ يُنفَخُ فِى ٱلصُّورِ ۚ عَٰلِمُ ٱلْغَيْبِ
وَٱلشَّهَٰدَةِ ۚ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْخَبِيرُ ﴿٧٣﴾ ۞ وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ ءَازَرَ
أَتَتَّخِذُ أَصْنَامًا ءَالِهَةً إِنِّىٓ أَرَىٰكَ وَقَوْمَكَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٧٤﴾
وَكَذَٰلِكَ نُرِىٓ إِبْرَٰهِيمَ مَلَكُوتَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَلِيَكُونَ مِنَ
ٱلْمُوقِنِينَ ﴿٧٥﴾

*ئۇ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق بىلەن ياراتقان زاتتۇر①. ئاللاھ (يارىتىشنى خالىغان نەرسىگە) «بول» دېگەن كۈنى ئۇ*

*دەرھال بولىدۇ②. ئاللاھنىڭ سۆزى ھەقتۇر، سۇر چېلىنىدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) ھاكىمىيەت پەقەتلا ئاللاھقا خاستۇر③، ئاللاھ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [73]. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسى ئازەرگە④: «(سەن ئۆزۈڭنى ياراتقان ئاللاھنى قويۇپ) بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالامسەن؟ شەكسىزكى، مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ئوپئوچۇق بىر گۇمراھلىقتا كۆرۈۋاتىمەن» دېدى [74]. شۇنىڭدەك (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) ئىبراھىمنى (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولسۇن دەپ، بىز ئۇنىڭغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مەخلۇقاتىنى (ئاجايىباتلىرىنى) كۆرسەتتۇق⑤ [75].*

① يەنى ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق بىلەن، ھېكمەت بىلەن ياكى پايدىلىق قىلىپ ياراتتى. يەنى پايدىسىز، بىكارغا (ئويۇن ئورنىدا) ياراتمىدى، بەلكى ئۇ كائىناتنى مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ مەقسەت بولسا، كىشىلەر بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان ئاللاھنى ياد ئەتسۇن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلسۇن ئۈچۈندۇر.

② بۇ يەردىكى ﴿يَوْمَ﴾ «وَاذْكُرُوْا» ياكى «وَاتَّقُوْا» دېگەن جۈملىدىن قالدۇرۇلغان پېئىل سەۋەبىدىن زەۋەر ئوقۇلغان يەنى «كۈن» بۇ يەردە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان «ياد ئېتىڭلار» ياكى «قورقۇڭلار» دېگەن پېئىل سەۋەبىدىن چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كەلگەن. يەنى شۇ كۈننى ئەسلەڭلار ياكى شۇ كۈندىن قورقۇڭلار، يەنى ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان چاغدا «بول» دېگەن ھامان كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولىدىغان قىيامەت كۈنىدىكى ئازابتىن قورقۇڭلار! بۇ ئايەت يەنە ھېساب بېرىلىدىغان باسقۇچ ۋە جەريانلارنىڭمۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ھېساب بېرىش كىملەر ئۈچۈن شۇنداق تېز بولىدۇ؟ پەقەت مۆئمىنلەر ئۈچۈن تېز بولىدۇ. ئەمما باشقىلار ئۈچۈن ئۇ كۈن مىڭ يىل ھەتتا ئەللىك مىڭ يىلدەك ئېغىر بولىدۇ.

③ ﴿ الصُّوْرِ﴾ دېگەن مۈڭگۈز ياكى كاناي-سۇناي دېمەكتۇر. بۇ ھەقتىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئىسرافىل سۇرنى ئېغىزىغا ئېلىپ بولدى. ئۇنى چېلىشقا قاچان

بۇيرۇلىدىغانلىقىنى كۆتۈپ، تۇرىۋاتىدۇ». (تەپسىر ئىبنى كەسىر) سۈنەنى ئەبى داۋۇد ۋە سۈنەنى تىرمىزىدە: «سۇر-چېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان مۈڭگۈز (سۇناي) دۇر» دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. (سۈنەن ئەبى داۋۇد 4247-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 3244-ھەدىس) بەزى ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە ئۈچ قېتىم سۇر چېلىنىدۇ. بىرىنچى سۇردا ھەممە ئىنسانلار بىھوش بولۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچى سۇردا ھەممە ئىنسانلار ھالاك بولىدۇ. ئۈچىنچى سۇردا ھەممە ئىنسانلار قايتىدىن تىرىلىپ قوپىدۇ. ئەمما بەزى ئۆلىمالار: پەقەت ئىككى قېتىم سۇر چېلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

④ تارىخچىلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ «ئازەر ۋە تارەخ» دەپ ئىككى ئىسمى بارلىقىنى زىكىر قىلىدۇ، بەلكىم «تارەخ» دېگەن ئۇنىڭ لەقىمى، فامىلىسى ياكى تەخەللۇسى بولىشى مۇمكىن. بەزى كىشىلەر ئازەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئىدى دەپ قارايدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئازەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى دەپ ئوچۇق بايان قىلغان. شۇڭا توغرىسى ئازەر ئۇنىڭ ئاتىسىدۇر.

⑤ ﴿ مَلَكُوتَ ﴾ دېگەن ئاشۇرما دەرىجىدە كەلگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭدىن بارلىق مەخلۇقات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇلۇھىيەت (ئىلاھلىق) ۋە رۇبۇبىيەت (پەرۋەردىگارلىق) بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەتتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرسەتتۇق ۋە ئۇنى تونۇشقا مۇۋەپپەق قىلدۇق، دېگەن بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، بىز ئىبراھىمغا ئەرشتىن تارتىپ، زېمىننىڭ ئاستىغىچە بولغان بارلىق مەۋجۇداتلارنى كۆرسەتتۇق، دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ ٱلَّيْلُ رَءَا كَوْكَبًاۖ قَالَ هَٰذَا رَبِّيۖ فَلَمَّآ أَفَلَ قَالَ لَآ
أُحِبُّ ٱلْأَفِلِينَ ﴿٧٦﴾ فَلَمَّا رَءَا ٱلْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَٰذَا رَبِّيۖ فَلَمَّآ أَفَلَ
قَالَ لَئِن لَّمْ يَهْدِنِي رَبِّي لَأَكُونَنَّ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٧٧﴾ فَلَمَّا
رَءَا ٱلشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَٰذَا رَبِّي هَٰذَآ أَكْبَرُۖ فَلَمَّآ أَفَلَتْ قَالَ
يَٰقَوْمِ إِنِّي بَرِيٓءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ ﴿٧٨﴾

*ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن» دېدى① [76]. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇن قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېدى [77]. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ② (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەردىن ئۈزۈل - كېسىل يىراقمەن③ [78].*

① يەنى مەن پېتىپ كېتىدىغان مەبۇدلارنى ياقتۇرمايمەن، چۈنكى پېتىپ كېتىش ھالەتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ پەيدا بولغان نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ھەر قانداق پەيدا بولغان نەرسە مەبۇد بولالمايدۇ.

② ﴿الشَّمْسَ﴾ (قۇياش) ئەرەبچىدە مۇئەننەس (چىشى) جىنسلىق سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئۇنىڭغا قارىتىلغان كۆرسەتكۈچ ئالماش مۇزەككەر (ئەر) جىنسلىق كەلگەن بولۇپ، «الطالع» - كۆتۈرۈلگۈچى دېگەننى كۆرسىتىدۇ. يەنى بۇ كۆتۈرۈلگۈچى قۇياش مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر. چۈنكى ئۇ ھەممىدىن چوڭدۇر. خۇددى قۇياشقا چوقۇنىدىغانلار «ھەممىدىن چوڭ» دېگەن خاتا ئېتىقادقا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغانىدەك. ئاسماندىكى سەييارىلەر ئارىسىدا قۇياش ھەممىدىن چوڭ ۋە نۇرى ئەڭ كۈچلۈك بىر يۇلتۇز بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئۇنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭدۇر. شۇ ۋەجىدىن زاھىرىي نەرسىلەرنى چوڭ بىلىدىغانلار ئارىسىدا قۇياشقا چوقۇنۇش ئومۇملىشىپ كەتكەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن مۇلايىم بىر ئۇسۇل بىلەن ئاي ۋە قۇياشقا چوقۇنىدىغانلارغا ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىنىڭ ئىلاھ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

③ يەنى سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىپ، ئىبادەت قىلىۋاتقان بارلىق نەرسىلەردىن ئادا ـ جۇدامەن. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. گاھى كۆتۈرۈلىدۇ، گاھى پېتىپ كېتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئۇ نەرسىلەرنىڭ مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى (خالىقى) باشقا بىرىدۇر، ئۇلار شۇ ياراتقۇچىغا بويسۇنۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئۆزى مەخلۇق تۇرسا، يەنە باشقا بىرىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ باشقىلارغا پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالىسۇن؟

مەشھۇر بىر رىۋايەتتە نەمرۇد دېگەن پادىشاھ بىر چۈش كۆرگەن ۋە تەبىرچىلەرنىڭ تەبىرىگە ئاساسەن ھەر قانداق يېڭىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنلەردە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتا-ئانىسى ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر غارغا يوشۇرۇپ باققان ئىدى. ئۇ شۇ غاردا چوڭ بولۇپ، بىر نەرسىنى چۈشەنگىدەك بولغاندا ئاي ۋە قۇياشنى كۆرۈپ يۇقىرىقىدەك تەسىراتلىرىنى بايان قىلغان. لېكىن بۇ رىۋايەت ئىشەنچلىك ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى قەۋمى بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە دېگەن. يەنە قەۋمىگە خىتاب قىلىپ، مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن بىزارمەن دەپ ئېلان قىلغان. ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭ مەقسىتىمۇ باتىل مەبۇدلارنىڭ ئەسلىي ھەقىقىتىنى ئېچىپ تاشلاش ئىدى.

إِنِّي وَجَّهۡتُ وَجۡهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ حَنِيفٗاۖ وَمَآ أَنَا۠
مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ٧٩ وَحَآجَّهُۥ قَوۡمُهُۥۚ قَالَ أَتُحَٰٓجُّوٓنِّي فِي ٱللَّهِ وَقَدۡ
هَدَىٰنِۚ وَلَآ أَخَافُ مَا تُشۡرِكُونَ بِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَشَآءَ رَبِّي شَيۡـٔٗاۚ وَسِعَ رَبِّي
كُلَّ شَيۡءٍ عِلۡمًاۚ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ ٨٠

***شۈبھىسىزكى، مەن بارچە باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، يۈزۈمنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندۈردۈم① ، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن» [79]. ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى② ، ئىبراھىم ئېيتتىكى، «مېنى ئاللاھ ھىدايەت***

***قىلغـان تۇرسـا، مـەن بىلـەن ئالـلاھ (نىـڭ مەۋجۇتلۇقـى ۋە بىرلىكـى) توغرۇلـۇق مۇنازىرىلىشەمسـىلەر؟ مـەن سـىلەرنىڭ ئالل‍اھقـا شـېرىك قىلىۋالغـان نەرسـىلىرىڭلاردىن قورقمايمـەن، پەقـەت پەرۋەردىگارىمنىـڭلا خالىغـان نەرسىسـى بولـىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىـڭ ئىلمـى ھەممە نەرسىنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان، سـىلەر بۇنـى (يەنـى مەبۇدلىرىڭلارنىـڭ ماڭـا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلاپ باقمامسىلەر؟ [80]***

① بـۇ يـەردە ﴿ وَجۡهِيَ ﴾ «يۈزۈمنـى» دەپ يۈزنىـڭ تىلغـا ئېلىنىشـىدىكى سـەۋەب شـۇكى، ئەسـلىدە ئىنسـان يـۈزى بىلـەن تونۇلـىدۇ. بـۇ يەردىكـى «يۈز» شەخسـنىڭ ئۆزىنـى كۆرسـىتىدۇ. ئۇنىـڭ مەنىسـى، مـەن تەۋھىـد ۋە ئىبادىتىم بىلـەن ئاسـمان-زېمىننى ياراتقـان ئالـلاھ تائالانـى كۆزلەيمـەن ۋە ئۇنىڭغـا يۈزلىنىمەن، دېمەكتۇر.

② ئۇنىـڭ قەۋمـى ئۆزلـىرى ياسـىۋالغان مەبۇدلىرىنـى رەت قىلىدىغـان تەۋھىـد ھەققىدىكـى بـۇ نەسـىھەتلەرنى ئاڭلىغاندىـن كېيىـن، ئـۆز دەلىللىرىنـى كۆرسىتىشـكە باشـلىدى. بۇنىڭدىـن مەلـۇم بولىدىكـى، مۇشـرىكلارمۇ ئۆزلىرىنىـڭ شـېرىك ئېتىقادلىـرى ئۈچـۈن بەزىبىـر باھانە-سـەۋەبلەرنى دەلىـل قىلاتتـى. بۈنـداق ئىشـلارنى بۈگۈنكـى كۈندىمـۇ ئۇچراتقىلـى بولـىدۇ. شـېرىك ئېتىقـاد تارقىتىۋاتقـان ھـەر قانـداق بىـر گـۇرۇھ خەلقنـى قايىـل قىلىـش ۋە بىخۇتلاشـتۇرۇش ئۈچۈن بەزىبىر باھانە-سـەۋەبلەرنى «دەلىـل» قىلىـپ كۆرسـىتىدۇ ياكـى ھېـچ بولمىغانـدا ئالـدام خالتىغـا چۈشكەن ئاۋام-خەلقنى شۇ «خالتىدىن» چىقارماسلىقىقا ئۇرۇنىدۇ.

وَكَيۡفَ أَخَافُ مَآ أَشۡرَكۡتُمۡ وَلَا تَخَافُونَ أَنَّكُمۡ أَشۡرَكۡتُم بِٱللَّهِ مَا
لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ عَلَيۡكُمۡ سُلۡطَٰنٗاۚ فَأَيُّ ٱلۡفَرِيقَيۡنِ أَحَقُّ بِٱلۡأَمۡنِۖ إِن
كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ٨١ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمۡ يَلۡبِسُوٓاْ إِيمَٰنَهُم بِظُلۡمٍ
أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلۡأَمۡنُ وَهُم مُّهۡتَدُونَ ٨٢ وَتِلۡكَ حُجَّتُنَآ ءَاتَيۡنَٰهَآ
إِبۡرَٰهِيمَ عَلَىٰ قَوۡمِهِۦۚ نَرۡفَعُ دَرَجَٰتٖ مَّن نَّشَآءُۗ إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ
عَلِيمٞ ٨٣

***(بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىش) ھەققىدە ئاللاھ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن تۇرسىمۇ، سىلەر ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىشتىن قورقمايۋاتساڭلار، مەن سىلەرنىڭ شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلاردىن قانداقسىگە قورققۇدەكمەن؟ ئەگەر بىلسەڭلار (ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بىز ۋە سىلەردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى پىرقىدىن زادى قايسىمىز (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ئەمىن بولۇشقا تېگىشلىك؟①» [81] ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا زۇلۇم (مۇشرىكلىك)نى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە كەلسەك، (ئازابتىن) ئەمىن بولۇش ئەنە شۇلارغا خاستۇر (يەنى ئەمىن بولۇشقا ئەنە شۇلار تېگىشلىكتۇر)، ئۇلار توغرا يولنى تاپقۇچىلاردۇر② [82]. ئەنە شۇ ئىبراھىمغا قەۋمىگە رەددىيە بەرسۇن دەپ، بەرگەن دەلىلىمىزدۇر③. بىز خالىغان كىشىنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز. رەببىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [83].***

① يەنى قورقماسلىق ۋە ئەمىن بولۇشقا مۇئمىنلەر ھەقلىقمۇ ياكى مۇشرىكلارمۇ؟ مۇئمىنلەردە يېتەرلىك تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ مۇكەممەل دەلىللىرى بار؛ مۇشرىكلاردا ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن ھېچقانداق دەلىل يوق، ئۇلاردا قۇرۇق خىيالىي تەسەۋۋۇر ۋە خاتا چۈشەنچىدىن باشقا ھېچنېمە يوق. بۇنىڭدىن ئەمىنلىكنىڭ كىمگە خاس ئىكەنلىكى ۋە كىمنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىشكە لايىق ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

② بۇ ئايەتتىكى ﴿ظُلْم﴾ دېگەندىن شېرىك، مۇشرىكلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەرجىمىدىمۇ شۇنداق ئېلىنغان. ئۇز ۋاقتىدا ساھابىلەر بۇ يەردىكى ﴿ظُلْم﴾ دېگەن سۆزنى (خاتالىق، گۇناھ، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش) دېگەندەك ئومۇمىي مەنىسىدە چۈشەنگەن. مەسىلەن، بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بۇ ئايەت چۈشكەندە ساھابىلارغا ئېغىر تۇيۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قايسى بىرىمىز ئۆز ـ ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلمايمىز› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سىلەر چۈشەنگەندەك (زۇلۇم قىلىش) ئەمەس، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىسىنىڭ: ﴿إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ ﴿ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر﴾.

(سۈرە لوقمان 13 ـ ئايەت) دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر، دېدى». (سەھىھۇل بۇخارى 4629 ـ ھەدىس)

③ يەنى ئەنە شۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ۋە قەۋمى ھېچقانداق جاۋاب تېپىپ بېرەلمىگەن دەلىلدۇر، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ دەلىل تۆۋەندىكى ئايەت ئىدى: ﴿(بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىش) ھەققىدە ئاللاھ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن تۇرسىمۇ، سىلەر ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىشتىن قورقمايۋاتساڭلار، مەن سىلەرنىڭ شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلاردىن قانداقسىگە قورققۇدەكمەن؟ ئەگەر بىلسەڭلار (ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بىز ۋە سىلەردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى پىرقىدىن زادى قايسىمىز (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ئەمىن بولۇشقا تېگىشلىك؟﴾ ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى تەستىقلاپ مۇنداق دېدى: ﴿ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا زۇلۇم (مۇشرىكلىك)نى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە كەلسەك، (ئازابتىن) ئەمىن بولۇش ئەنە شۇلارغا خاستۇر (يەنى ئەمىن بولۇشقا ئەنە شۇلار تېگىشلىكتۇر)، ئۇلار توغرا يولنى تاپقۇچىلاردۇر﴾.

وَوَهَبْنَا لَهُۥٓ إِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ ۚ كُلًّا هَدَيْنَا ۚ وَنُوحًا هَدَيْنَا مِن قَبْلُ ۖ
وَمِن ذُرِّيَّتِهِۦ دَاوُۥدَ وَسُلَيْمَٰنَ وَأَيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ۚ
وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٨٤﴾ وَزَكَرِيَّا وَيَحْيَىٰ وَعِيسَىٰ وَإِلْيَاسَ ۖ
كُلٌّ مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٥﴾ وَإِسْمَٰعِيلَ وَٱلْيَسَعَ وَيُونُسَ وَلُوطًا ۚ وَكُلًّا
فَضَّلْنَا عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٦﴾

*بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى① ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق. بىز (ئىبراھىمدىن) ئىلگىرى نۇھنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق، ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن② داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۈسۈف، مۇسا، ھارۇنلارنى (توغرا يولغا يېتەكلىدۇق)، (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل ئىش قىلغۇچىلارنى*

***مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [84]. زەكەرىييا، يەھيا، ئىيسا③ ۋە ئىلياس قاتارلىقلارنىمۇ (توغرا يولغا يېتەكلىدۇق)، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر [85]. ئىسمائىل، ئەليەسەئ، يۇنۇس ۋە لۇت قاتارلىقلارنىمۇ (توغرا يولغا يېتەكلىدۇق)، ئۇلارنى (ئۆز زامانىسىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق [86].***

① يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياشىنىپ قالغان ۋە پەرزەنت كۆرۈشتىن ئۈمىد ئۈزگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا پەرزەنت ئاتا قىلدۇق. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق﴾. (سۈرە ھۇد 72 ـ، 73 ـ ئايەتلەر) ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ئوغۇلدىن كېيىن يەئقۇب ئىسىملىك بىر نەۋرە بىلەن بېشارەت بېرىلدى. بۇ ئۇنىڭ نەسلىدىن نۇرغۇن ئەۋلادلار كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى «يَعْقُوْبُ» دېگەن سۆز «عَقِبَ»دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئارقىدىن ئەگىشىپ كەلمەك، ئاتىسىنىڭ ئورنىنى باسماق، كېيىن كەلگەن ئەۋلاد دېگەن مەنىدە.

② «ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن» دېگەندىكى ئالماش بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە نۇھ ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ئەڭ يېقىندۇر. يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن داۋۇد ۋە سۇلايمان... ئەلەيھىسسالاملارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق، دېگەن بولىدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئالماش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سۆز بولۇۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇ مەنىنى توغرا دېسەك، لۇت ئەلەيھىسسالام بۇ تىزىملىكتە تىلغا ئېلىنمىسا بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن ئەمەس. ئۇ قېرىندىشى ھاران ئىبنى ئازەرنىڭ ئوغلى، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئەمەس بەلكى تاغىسى بولىدۇ. بۇ يەردە ئومۇمەن ئازسانلىقنى كۆپ سانلىققا بويسۇندۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ئۇمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى جۈملىسىدىن سانالغان. شۇڭا ئالماش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسەتسە توغرا بولغان بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ يەنە بىر مىسالىنى سۈرە بەقەرەنىڭ 133 ـ ئايىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى

قاتاردا تىلغا ئېلىنغان. ھالبۇكى، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تاغىسى ئىدى.

③ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى يەنە بىر قاراش بويىچە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن دەپ سانالغانلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، (ھالبۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى يوق ئىدى) بىر ئادەمنىڭ قىزىنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئوغۇل ئەۋلادلىرى جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىغا ئانىسى ئارقىلىق مەنسۇپ قىلىنغان. بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى(نى ئوغلۇم دەپ ئاتىغان: «بۇ ئوغلۇم خوجىدۇر، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن». (سەھىھۇل بۇخارى 2704-ھەدىس، تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن تەپسىر ئىبنى كەسىرگە قارالسۇن)

وَمِنۡ ءَابَآئِهِمۡ وَذُرِّيَّٰتِهِمۡ وَإِخۡوَٰنِهِمۡۖ وَٱجۡتَبَيۡنَٰهُمۡ وَهَدَيۡنَٰهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٨٧﴾ ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۚ وَلَوۡ أَشۡرَكُواْ لَحَبِطَ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٨٨﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحُكۡمَ وَٱلنُّبُوَّةَۚ فَإِن يَكۡفُرۡ بِهَا هَٰٓؤُلَآءِ فَقَدۡ وَكَّلۡنَا بِهَا قَوۡمٗا لَّيۡسُواْ بِهَا بِكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾

***ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرىنى (توغرا يولغا يېتەكلىدۇق)، ئۇلارنى تاللىدۇق ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق① [87]. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ توغرا يولى (دىنى) دۇر، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى② [88]. ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) بىز كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە***

***پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلغان كىشىلەردۇر. ناۋادا ئۇلار (يەنى مەككىلىك كاپىرلار) بۇلارنى (يەنى كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى) ئىنكار قىلسا③، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز④ [89].***

① ﴿ ءَابَآءِ ﴾ دېگەن ئەسلىي نەسەبنى يەنى ئاتا-بوۋىلارنى، ﴿ ذُرِّيَّٰت ﴾ دېگەن نەسلىنى يەنى ئەۋلادلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى، ئەۋلادلىرىنى ۋە قېرىنداشلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى تاللىدۇق ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق. ﴿ اجۡتَبَيۡنَا ﴾نىڭ مەنىسى تاللىدۇق، خاس بەندىلەر قاتارىغا قوشتۇق، ئىمتىيازلىق بەندىلەردىن قىلدۇق دېمەكتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ يەردە ئون سەككىز پەيغەمبەرنىڭ ئىسىم-شېرىپلىرى تىلغا ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن دېيىلدىكى، ناۋادا شۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتەتتى. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾. (سۈرە زۇمەر 65-ئايەت) ۋەھالەنكى، پەيغەمبەرلەردىن شېرىك گۇناھىنىڭ سادىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ يەردە ئۈممەتلەرنى شېرىكنىڭ ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

③ ئايەتتىكى «ئۇلار» دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققان ئۆكتىچىلەر، مۇشرىكلار ۋە كاپىرلار كۆرسىتىلىدۇ.

④ بۇ يەردىكى «ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋم» مۇھاجىرلار، ئەنسارلار ۋە قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇئمىنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُۖ فَبِهُدَىٰهُمُ ٱقۡتَدِهۡۗ قُل لَّآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ أَجۡرًاۖ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرَىٰ لِلۡعَٰلَمِينَ ٩٠

*ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ توغرا يولغا يېتەكلىگەن كىشىلەردۇر. (ئى پەيغەمبەر!) سەنمۇ ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن①، (قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «مەن بۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننى سىلەرگە يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن②، ئۇ (قۇرئان) پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر»③ [90].*

① بۇ ئايەتتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىش بۇيرۇقى بېرىلدى، ئۇلارغا ئەگىشىش پەقەت تەۋھىد مەسىلىلىرىدە ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان شەرىئەت ئەھكاملىرىدىلا بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) چۈنكى دىنىنىڭ ئەسلىي قائىدىلىرى ئىلگىرىكى بارلىق شەرىئەتلەردە بىر خىل بولسىمۇ، ئەمما شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە پرىنسىپلىرىدە ئازراق ئوخشىماسلىق بار. بۇ نۇقتا سۈرە شۇرانىڭ 13-ئايىتىدە بايان قىلىندى: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ «دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا بۆلۈنمەڭلار» دەپ، دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا ۋەھيى قىلغانلىرىمىزنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا تەۋسىيە قىلغانلىرىمىزنى سىلەرگە دىن قىلىپ بەلگىلىدى﴾.

② يەنى دەۋەت قىلغانلىقىم ۋە قۇرئاننى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، چۈنكى ماڭا ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان ساۋاب كۇپايە قىلىدۇ.

③ جاھان ئەھلى بۇ قۇرئاندىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن، بۇ قۇرئان ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە، گۇمراھلىقتىن توغرا يولغا، كۇفرىلىق ۋە مۇشرىكلىك زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىر شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇلاردا نەسىھەت ئالاي دەيدىغان ئىستەك ۋە ئىنتىلىش بولۇشى كېرەك، بولمىسا، خۇددى ئەماغا ھېچنەرسە كۆرۈنمىگەندەك، ئۇلارمۇ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

وَمَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدۡرِهِۦٓ إِذۡ قَالُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَىٰ بَشَرٖ مِّن شَيۡءٖۗ قُلۡ مَنۡ أَنزَلَ ٱلۡكِتَٰبَ ٱلَّذِي جَآءَ بِهِۦ مُوسَىٰ نُورٗا وَهُدٗى

لِّلنَّاسِ تَجْعَلُونَهُۥ قَرَاطِيسَ تُبْدُونَهَا وَتُخْفُونَ كَثِيرًا وَعُلِّمْتُم مَّا
لَمْ تَعْلَمُوٓا۟ أَنتُمْ وَلَآ ءَابَآؤُكُمْ قُلِ ٱللَّهُ ثُمَّ ذَرْهُمْ فِى خَوْضِهِمْ
يَلْعَبُونَ ﴿٩١﴾ وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلْنَٰهُ مُبَارَكٌ مُّصَدِّقُ ٱلَّذِى بَيْنَ يَدَيْهِ
وَلِتُنذِرَ أُمَّ ٱلْقُرَىٰ وَمَنْ حَوْلَهَا وَٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِٱلْءَاخِرَةِ يُؤْمِنُونَ
بِهِۦ وَهُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ﴿٩٢﴾

***ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلار) ئاللاھنى ئۆز قەدرىگە لايىق رەۋىشتە تونۇمىدى. چۈنكى، ئۇلار: «ئاللاھ ھېچ ئىنسانغا ھېچ نەرسە چۈشۈرمىدى» دېدى (يەنى ۋەھىينى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى)①. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(ئۇنداقتا) مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان، سىلەر پارچە ـ پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ②، (خالىغىنىڭلارنى) ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىدىغان، سىلەرگە ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر ئۇنىڭ سايىسىدا بىلدۈرۈلگەن③ كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟» (ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئاننى ۋە مۇسا ئېلىپ كەلگەن كىتابنى) «ئاللاھ نازىل قىلدى»④ دېگىن، ئاندىن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ئازغۇنلۇقتا پاتقان ھالدا ئويناپ يۈرسۇن [91]. بۇ (قۇرئان) سېنىڭ مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش) كىتابلارنى تەستىقلايدىغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىدۇ [92].***

① ﴿قَدْرِ﴾نىڭ مەنىسى مۆلچەرلىمەك دېمەكتۇر. بۇ سۆز بىر نەرسىنىڭ ئەسلىي ھەقىقىتىنى بىلمەك، تونۇماق، قەدىرلىمەك دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. دېمەك، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ۋە چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنى ئىنكار قىلىشى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى توغرا رەۋىشتە تونۇمىغانلىقىدىندۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغان بولسا، پەيغەمبەرلەرنى ۋە كىتابلارنى ئىنكار

قىلمىغان بولاتتى. يەنە شۇ ئاللاھنى تونۇمىغانلىقى سەۋەبىدىن پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىكنىمۇ چۈشەنمىدى. ئۇلار: ئاللاھنىڭ كالامى قانداقمۇ بىر ئىنسانغا نازىل بولىدۇ؟ دەپ ئويلىدى. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققان بىر ئەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلارنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆئمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن دەپ ۋەھيي قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟﴾. (سۈرە يۇنۇس 2-ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى ‹ئاللاھ ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟› دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴾. (سۈرە ئىسرا 94-ئايەت) بۇ نۇقتا يۇقىرىدا 8-ئايەتنىڭ تەپسىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىپ بولغان ئىدى. بۇ يەردىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر خاتا چۈشەنچىلىرى بويىچە: «ئاللاھ ھېچ ئىنسانغا ھېچ نەرسە چۈشۈرمىدى» دېدى. ئۇلارغا جاۋابەن: ئۇنداقتا ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى كىم نازىل قىلدى؟ دېيىلدى. (ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ نازىل قىلغانلىقىنى مۇشرىكلارمۇ ئېتىراپ قىلاتتى)

② مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ يەردە يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىنىۋاتىدۇ. يەنى سىلەر قولۇڭلاردىكى كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى پارچە - پارچە قىلىپ، قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ يازىسىلەر. ئاندىن ئۇ قەغەزلەردىن خالىغىنىڭلارنى كۆرسىتىسىلەر، خالىمىغىنىڭلارنى يوشۇرىسىلەر. مەسىلەن: چالما-كېسەك قىلىش ھۆكمى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى يوشۇرغاندەك. ھاپىز ئىبنى كەسىر، ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتنى «يَجْعَلُوْنَـهُ» ۋە «يُبْدُوْنَهَا» دەپ ئوقۇلىدىغان قىرائەت بويىچە، يېئىلىنىڭ ئۈچىنچى شەخس شەكلىنى قوللانغاندا مەنىسى توغرا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق بولغاندا بۇ ئايەتتىكى خىتاب يەھۇدىيلارغا قارىتىلمىغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار: بۇ مەككىدە چۈشكەن ئايەت تۇرسا، قانداقمۇ يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان خىتاب بولىدۇ؟ دەپ دەلىل كەلتۈرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر، پۈتۈن ئايەت يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىكنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ جاھىللىق، تەرسالىق،

قارشىلىق ۋە كاجلىقتىن دەپ قارايدۇ. دېمەك، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ئۈچ خىل كۆزقاراش بار: بىرىنچىسى، پۈتۈن ئايەت يەھۇدىيلارغا مۇناسىۋەتلىك دېسە. ئىككىنچىسى، پۈتۈن ئايەت مۇشرىكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ. ئەمما ئۈچىنچىسى، ئايەتنىڭ بېشى مۇشرىكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، «پارچە-پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ» دېگەن جايدىن باشلاپ، يەھۇدىيلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

③ مەزكۇر ئايەتنى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئالغاندا «سىلەرگە ئۇنىڭ سايىسىدا يەنى تەۋرات ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن» دېگەن بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا «سىلەرگە ئۇنىڭ سايىسىدا يەنى قۇرئان ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن» دېگەن بولىدۇ.

④ بۇ «كىم نازىل قىلدى؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىدۇر.

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ قَالَ أُوحِىَ إِلَىَّ وَلَمْ يُوحَ إِلَيْهِ شَىْءٌ وَمَن قَالَ سَأُنزِلُ مِثْلَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ ۗ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّـٰلِمُونَ فِى غَمَرَٰتِ ٱلْمَوْتِ وَٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ بَاسِطُوٓا۟ أَيْدِيهِمْ أَخْرِجُوٓا۟ أَنفُسَكُمُ ۖ ٱلْيَوْمَ تُجْزَوْنَ عَذَابَ ٱلْهُونِ بِمَا كُنتُمْ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ غَيْرَ ٱلْحَقِّ وَكُنتُمْ عَنْ ءَايَـٰتِهِۦ تَسْتَكْبِرُونَ ﴿٩٣﴾ وَلَقَدْ جِئْتُمُونَا فُرَٰدَىٰ كَمَا خَلَقْنَـٰكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَتَرَكْتُم مَّا خَوَّلْنَـٰكُمْ وَرَآءَ ظُهُورِكُمْ ۖ وَمَا نَرَىٰ مَعَكُمْ شُفَعَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ زَعَمْتُمْ أَنَّهُمْ فِيكُمْ شُرَكَـٰٓؤُا۟ ۚ لَقَد تَّقَطَّعَ بَيْنَكُمْ وَضَلَّ عَنكُم مَّا كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٩٤﴾

***ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيى قىلىندى دېگەن، ياكى ئاللاھ نازىل قىلغاننىڭ ئوخشىشىنى مەنمۇ نازىل قىلالايمەن دېگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) سەن بۇ زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا بىر كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر***

***(يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ ئۇلارغا: «جېنىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ناتوغرا سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئىپتىرا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا مەنسۇپ قىلغانلىقىڭلار) ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن①، بۈگۈن خارلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر②» دەيدۇ [93]. (ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ): «سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا (يەنى دۇنيادا) قالدۇرۇپ، خۇددى بىز سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ۋاقتىمىزدىكىدەك تەنھا كەپسىلەرغۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارچە ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئاتىۋالغان شاپائەتچىلىرىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟③ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى، سىلەر (شاپائەتچى دەپ) گۇمان قىلغان نەرسىلەر سىلەردىن يوقالدى» [94].***

① بۇ يەردىكى «زالىملار» دېگەندىن ھەر قانداق زالىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا ھەممىدىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئىنكار قىلغانلار ۋە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلار كىرىدۇ. ﴿غَمَرَٰتِ﴾ ئۆلۈمنىڭ قاتتىقلىقى دېگەن مەنىدە. «پەرىشتىلەر قوللىرىنى سوزىدۇ» يەنى كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى تەنلىرىدىن چىقىرىش ئۈچۈن قوللىرىنى سوزىدۇ. ﴿ٱلۡيَوۡمَ﴾ «بۈگۈن» دېگەندىن جان ئالىدىغان كۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ كۈن ئازاب باشلىنىدىغان كۈندۇر. ئازاب باشلىنىدىغان جاي قەبرىدۇر. بۇنىڭدىن قەبرىدە ئازاب بولىدىغانلىقىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. بولمىسا قولنى سوزۇش، جاننىڭ چىقىشىغا بۇيرۇق بېرىش بىلەن بىرگە «بۈگۈن خارلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دېيىشنىڭ ئورنى يوق. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەبرە دېمەك بەرزەخ ھاياتى دېمەكتۇر. يەنى دۇنيا ھاياتىدىن كېيىن، ئاخىرەت ھاياتىدىن ئىلگىرى كېلىدىغان بىر ھاياتلىق جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇددىتى ئىنسان ئۆلۈپ تاكى قىيامەت قائىم بولغانغا قەدەر بولىدۇ. بۇ بەرزەخ ھاياتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنساننى مەيلى ۋەھشىي ھايۋان يەپ كەتكەن بولسۇن ياكى ئۇ دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى ئۇ كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلگە ئايلاندۇرۇلغان ياكى قەبرىگە كۆمۈلگەن بولسۇن،

ئاللاھ تائالا ئۇنى مۇشۇ بەرزەخ ھاياتىدا ئازابلاشقا قادىردۇر.

② چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنى ۋە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشمۇ ئاللاھ توغرىسىدا ناتوغرا سۆزلەرنى قىلغانلىققا كىرىدۇ. يەنە پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭدەك پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىلىكىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنى مەنستىمەسلىكمۇ ئوخشاش گۇناھتۇر. دەل شۇ ۋەجىدىن ئۇلار خارلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىدۇ.

③ ﴿ فُرَادَىٰ﴾ بولسا «فَرْدٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. دېمەك سىلەر ئايرىم-ئايرىم، تەنھا ھالدا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىسىلەر، سىلەر بىلەن نە مال-دۇنيا، نە ئەۋلاد، نە سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىپ، مەدەتكار دەپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلار بولمايدۇ. يەنى يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى سىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدۇ. كېيىنكى ئايەتتە بۇ نۇقتىلار تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ.

۞ إِنَّ ٱللَّهَ فَالِقُ ٱلْحَبِّ وَٱلنَّوَىٰ ۖ يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَمُخْرِجُ ٱلْمَيِّتِ مِنَ ٱلْحَىِّ ۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ ۖ فَأَنَّىٰ تُؤْفَكُونَ ﴿٩٥﴾ فَالِقُ ٱلْإِصْبَاحِ وَجَعَلَ ٱلَّيْلَ سَكَنًا وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ حُسْبَانًا ۚ ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْعَلِيمِ ﴿٩٦﴾

*شەكسىزكى، ئاللاھ داننى ۋە ئۇرۇقنى بىخلاندۇرغۇچىدۇر①، تىرىكنى ئۆلۈكتىن② ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچىدۇر③. شۇلارنى قىلغان زات ـ يېگانە ئاللاھتۇر. سىلەر قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ [95] ئاللاھ سۈبھىنى (قاراڭغۇلۇقتىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر④ (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، ئۇ كېچىنى (سىلەر ئۇچۇن) ئارام ئېلىش ۋاقتى قىلغان⑤. قۇياش بىلەن ئاينى (ئۆز ئوربىتىسىدا مۇئەييەن) ھېساب بىلەن (مۇنتىزىم ئايلىنىپ تۇرىدىغان) قىلغان زاتتۇر⑥. ئەنە شۇلار غالىب، (ھەممىنى) تولۇق بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر [96].*

① بۇ يەردىن باشلاپ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ۋە مىسلىسىز قۇدرەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچىدۇر. يەنى دېھقان زېمىنغا تېرىپ قويغان ئۇرۇقلارنى ئاللاھ تائالا يېرىپ، ئۇلاردىن تۈرى ھەرخىل زىرائەتلەرنى ئۇندۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، زېمىن بىر، ئۇنى سۇغۇرىدىغان سۇمۇ بىر، ئەمما تېرىلغان ئۇرۇق ۋە دانلارنىڭ تۈرىگە ئاساسەن ئاللاھ تائالا رەڭگى، شەكلى ۋە تەمى ئوخشاشمىغان دانلىق زىرائەتلەر ۋە مېۋىلەرنى چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا بۇ ئىشنى قىلىدىغان ياكى قىلالايدىغان كىم بار؟

② يەنى ئاللاھ تائالا جانسىز دان ۋە ئۇرۇقلاردىن دەرەخلەرنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇلاردا ھاياتلىق بولىدۇ، ئۇلار ئۆسىدۇ، مېۋە بېرىدۇ ياكى ئۇلاردىن دانلىق زىرائەتلەرنى چىقىرىدۇ. خۇشبۇي ۋە رەڭگارەڭ گۈللەرنى ئۆستۈرىدۇ، بۇلارغا قارىغان ياكى پۇرىغان ئىنساننىڭ كۆڭلى خۇرسەن بولۇپ، روھى شاتلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ئابى مەنىيدىن ئىنساننى، تۇخۇمدىن باشقا جانلىقلارنى يارىتىدۇ.

③ يەنى ھايۋاناتتىن جانسىز تۇخۇمنى چىقىرىدۇ. بۇ يەردە تىرىك بىلەن ئۆلۈك مۆئمىن بىلەن كاپىرغا تەمسىل قىلىنغان دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئاللاھ تائالا مۆئمىننى كاپىرنىڭ پۈشتىدىن، كاپىرنى مۆئمىننىڭ پۈشتىدىن چىقىرىدۇ، يەنى كاپىرنىڭ ئۆيىدە مۆئمىننى، مۆئمىننىڭ ئۆيىدە كاپىرنى يارىتىدۇ.

④ ئاللاھ تائالا يورۇقلۇقنىمۇ ۋە قاراڭغۇلۇقنىمۇ ياراتقۇچىدۇر. ئاللاھ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن سۈبھىنىڭ يورۇقلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق نەرسىلەر يورۇقلۇققا چىقىدۇ.

⑤ يەنى كۈندۈزدە قىلىدىغان مەشغۇلاتلىرىڭلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ كېچىنى قاراڭغۇ قىلىپ بەرگەن زاتتۇر.

⑥ يەنى قۇياش بىلەن ئاي ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان، بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ۋە قانۇنلاشتۇرۇلغان ناھايىتى نازۇك بىر ھېساب بىلەن ماڭىدۇ. شۇنداق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ياز ۋە قىش مەزگىللىرىدە ماڭىدىغان مەخسۇس مەنزىللىرى، ئوربىتىلىرى ۋە يوللىرى بار. ئۇلارنىڭ شۇ يوللاردا مېڭىشى بىلەن قىش ۋە يازلاردىكى كۈنلەرنىڭ ئۇزىرىشى ۋە قىسقىرىشى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنىڭ

تەپسىلاتى سۈرە يۇنۇس 5-، سۈرە ياسىن 40-، سۈرە ئەئراف 54-ئايەتلەردە بايان قىلىندى.

وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلنُّجُومَ لِتَهۡتَدُواْ بِهَا فِى ظُلُمَٰتِ ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِۗ قَدۡ فَصَّلۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٍ يَعۡلَمُونَ ﴿٩٧﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَكُم مِّن نَّفۡسٍ وَٰحِدَةٍ فَمُسۡتَقَرٌّ وَمُسۡتَوۡدَعٌۗ قَدۡ فَصَّلۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٍ يَفۡقَهُونَ ﴿٩٨﴾

*ئاللاھ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنە كېچىدە يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر①. (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل - پاكىتلارنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق [97]. ئاللاھ سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، ئاندىن سىلەرنى (ئاتاڭلارنىڭ بەلىياتقۇسىدا) قارارلاشتۇرغان، (ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا) ساقلىغان زاتتۇر②. چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق [98].*

① بۇ ئايەتتە يۇلتۇزلارنىڭ پايدىسى ۋە يارىتىلىشتىكى بىر مەقسىتى بايان قىلىندى. يۇلتۇزلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى مەقسىتى بار بولۇپ، ئۇلار باشقا ئايەتتە بايان قىلىنغان ئىدى. مەسىلەن: ئاسمانلارنى زىننەتلەش، شەيتانلارنى قوغلاش، يەنى ئاسمانغا چىقىشقا ھەرىكەت قىلغان شەيتانلارنى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بىلەن قوغلاپ، پەسكە چۈشۈرۈش. ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالار مۇنداق دېدى: «كىمكى يۇلتۇزلارنىڭ يارىتىلىشىدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ مەقسەتتىن باشقىچە مەقسەت بار دەپ قارىسا، ئۇ كىشى خاتالاشقان ۋە ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلىغان بولىدۇ. ئۇ ئۈچ مەقسەت شۇكى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا يۇلتۇزلارنى، ئاسمانلارنى زىننەتلىگۈچى، شەيتانلارنى قوغلىغۇچى ۋە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا يوللارنىڭ يۆنىلىشلىرىنى بەلگىلىگۈچى قىلىپ ياراتقانلىقىدۇر.» بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، بىر

قىسىم ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە مۇنەججىملىك)دا داڭق چىقارغانلارنىڭ يۇلتۇزلارغا قاراپ، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى، ئۇلارنىڭ ئىنسان ھاياتى ۋە كائىناتتا بولىدىغان تەسىرىنى سۆزلەپ بېرەلەيمىز دەپ بىلجىرلاشلىرى ئاساسسىز ھەم شەرىئەتكە خىلاپتۇر. ھەدىستە مۇنەججىملىك سېھىرگەرلىكنىڭ جۈملىسىدىن دەپ بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاسترونومىيە (مۇنەججىملىك) ئىلمىدىن مەلۇم مىقداردا ئۆگەنسە، مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ بولسۇن، سېھىرگەرلىك ئىلمىدىن بىر قىسمىنى ئالغان بولىدۇ (يەنى قانچىلىك ئۆگەنگەن بولسا شۇنچىلىك سېھىر ئۆگەنگەننىڭ گۇناھىنى ئالغان بولىدۇ)». (بۇ ھەدىسنى ئالبانى سەھىھ دەپ قارىغان، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 3905-ھەدىس، ياخشىلار باغچىسى 1671-ھەدىس*، مىشكات 4598-ھەدىس)

② كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ﴿مُسْتَقَرٌّ﴾ دېگەندە ئانىنىڭ رەھىمى (بالىياتقۇ) ۋە ﴿مُسْتَوْدَعٌ﴾ دېگەندە ئاتىنىڭ سۇلبى (پۇشتى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە ئىبنى كەسىر)

*بۇ ھەدىستە، ئاسترونومىيە (مۇنەججىملىك ئىلمى) سېھىرنىڭ بىر قىسمى دېيىلگەن. ئىسلامدا سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىش ئىمانسىزلىق بىلەن باراۋەر دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئىسلامدا ئاسترونومىيە ۋە پال سېلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى، ئۇلارنى ئۆگىنىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ يەردىكى ئاسترونومىيە شۇ ساختا ئىلمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا كەلگۈسىدىكى ۋەقەلەر بۇرجلارغا ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن ئالدىن پەرەز قىلىنىدۇ. ئاسترولوگىيە دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئىلىم بار بولۇپ، بۇ ئىلىم ئارقىلىق كۈن چىقىش ۋە كۈن ئولتۇرۇش ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم-پەننىڭ بۇ تارمىقى ھەقىقىي ئىلىم دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى ئۇ تەجرىبە ۋە كۆزىتىشنى ئاساس قىلىدۇ. ياخشىلار باغچىسى 1671-ھەدىس شەرھىسى (ئىنگلىسچە مەنبەدىن تەرجىمە قىلىندى)-تەھرىردىن

وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ نَبَاتَ كُلِّ شَىْءٍ

فَأَخۡرَجۡنَا مِنۡهُ خَضِرٗا نُّخۡرِجُ مِنۡهُ حَبّٗا مُّتَرَاكِبٗا وَمِنَ ٱلنَّخۡلِ مِن
طَلۡعِهَا قِنۡوَانٞ دَانِيَةٞ وَجَنَّٰتٖ مِّنۡ أَعۡنَابٖ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلرُّمَّانَ
مُشۡتَبِهٗا وَغَيۡرَ مُتَشَٰبِهٍۗ ٱنظُرُوٓاْ إِلَىٰ ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ وَيَنۡعِهِۦٓۚ إِنَّ فِي
ذَٰلِكُمۡ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٩٩﴾

***ئاللاھ ئاسماندىن سۇنى چۈشۈرۈپ بەرگەن زاتتۇر، بىز ئۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۈسۈملۈكلەرنى چىقاردۇق①، يەنە ئۈسۈملۈكلەردىن يېشىل مايسىلارنى چىقاردۇق②، ئۇنىڭدىن (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈرىمىز③، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى (يېتىشتۈرىمىز)④، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى، (يامغۇر سۈيى بىلەن شەكلىدە، ھەجىمدە، تەمدە) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان⑤ زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى (چىقاردۇق)⑥، (ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ) مېۋىلىگەن چاغدىكى يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇلاردا ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار⑦ [99].***

① بۇ ئايەتتىن باشلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدىغان دەلىللەر بايان قىلىنىدۇ. ئۇ دەلىللەرنىڭ بىرى يامغۇر سۈيى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن ھەرخىل دەرەخ ۋە زىرائەتلەرنى ئۆستۈرىدۇ.

② «يېشىل مايسىلار» دېگەن ئاللاھ تائالا زېمىنغا تېرىلغان ئۇرۇقلاردىن ئۆستۈرۈپ بېرىدىغان بىخ، نوتا ۋە كۆچەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئۇ بىخ، نوتا ۋە كۆچەتلەر كۆكلەيدۇ.

③ يەنى ئاشۇ يېشىل نوتا ۋە مايسىلاردىن بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى چىقىرىمىز. مەسىلەن: بۇغداي ۋە گۈرۈچنىڭ باشاقلىرىغا ئوخشاش. بۇ يەردىكى «دانلار» ئارپا، كۆممىقوناق، بۇغداي ۋە گۈرۈچ قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

④ ﴿ قِنْوَانٌ﴾ بولسا «قِنْو»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى ساپاق دېمەكتۇر. ﴿ طَلْعِ﴾ دېگەن خورمىنىڭ چېچەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چېچەكلەر ساپاقلاردا چوڭ بولۇپ، غورا بولىدۇ، ئاندىن «رطب «ھۆل ۋە يۇمشاق بولۇپ پىشىدۇ. ﴿دَانِيَةٌ﴾ دېگەن يېقىن، قول يەتكىدەك جايدىكى ساپاقلارنى كۆرسىتىدۇ، بەزى ساپاقلار يىراق بولىدۇ، ئۇلارغا قول يەتمەيدۇ. قۇلايلىق قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن ﴿ دَانِيَةٌ﴾ «يېقىن» تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، «مِنْهَا دَانِيَةٌ وَمِنْهَا بَعِيْدَةٌ» ساپاقلارنىڭ بەزىسى يېقىن، بەزىسى يىراق بولىدۇ. «بَعِيْدَةٌ» «يىراق» دېگەن سۆز ئايەتتىن قالدۇرۇلغان. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ يەنى بەزىسىنىڭ شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، بەزىسىنىڭ شەكلى ئوخشىمايدۇ ياكى ئۇ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، لېكىن مېۋىلىرى ئوخشىمايدۇ، رەڭگى ئوخشىغان بىلەن تەمى ۋە تەبىئىتى ئوخشىمايدۇ.

⑥ بۇ جۈملىدىكى ﴿ جَنّٰتٍ، الزَّيْتُوْنَ، الرُّمَّانَ﴾ دېگەن سۆزلەر چۈشۈم كېلىش بولۇپ، يۇقىرىدىكى جۈملە ﴿ فَاَخْرَجْنَا بِهٖ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ﴾دىكى ﴿ نَبَاتَ﴾گە باغلىنىدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: يامغۇر سۈيى بىلەن ئۈزۈملۈك باغلارنى، زەيتۇن ۋە ئانار دەرەخلىرىنى چىقاردۇق، يېتىشتۈردۇق.

⑦ يەنى مەزكۇر نەرسىلەردە كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ كامالى قۇدرىتى، ھېكمىتى ۋە رەھمىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل-پاكىتلار بار.

وَجَعَلُواْ لِلَّهِ شُرَكَآءَ ٱلۡجِنَّ وَخَلَقَهُمۡۖ وَخَرَقُواْ لَهُۥ بَنِينَ وَبَنَٰتِۭ بِغَيۡرِ
عِلۡمٖۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٠٠﴾ بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ
أَنَّىٰ يَكُونُ لَهُۥ وَلَدٞ وَلَمۡ تَكُن لَّهُۥ صَٰحِبَةٞۖ وَخَلَقَ كُلَّ شَيۡءٖۖ وَهُوَ
بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿١٠١﴾ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ خَٰلِقُ كُلِّ
شَيۡءٖ فَٱعۡبُدُوهُۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ وَكِيلٞ ﴿١٠٢﴾ لَّا تُدۡرِكُهُ ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَهُوَ
يُدۡرِكُ ٱلۡأَبۡصَٰرَۖ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلۡخَبِيرُ ﴿١٠٣﴾

***جىنلارنى ئاللاھ ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) ئۇلارنى ئاللاھقا***

*شېرىك قىلىشىپتى. نادانلىقتىن، «ئاللاھنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى بار» دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقىشتى. ئاللاھ ئۇلار سۈپەتلىگەن نەرسىلەردىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر [100]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ جۈپتى بولمىسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ياراتقان①، ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر [101]. (ئى ئىنسانلار!) ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر [102]. كۆزلەر ئاللاھنى ئىدراك قىلالمايدۇ②، ئاللاھ كۆزلەرنى تولۇق بىلىدۇ، ئاللاھ ئىشلارنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ئەڭ مەخپىي ئىشلاردىنمۇ تولۇق خەۋەرداردۇر [103].*

① يەنى ئاللاھ تائالا بارلىق مەۋجۇداتنى يارىتىشتا يەككە-يېگانە، ھېچ شېرىكى يوقتۇر. شۇنىڭدەك ئۇ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىقتۇر، شۇڭا يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش، ئىبادەتتە ھېچ نەرسىنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلماسلىق لازىم ئىدى. لېكىن كىشىلەر بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلماستىن، ئۇنىڭغا جىنلارنى شېرىك قىلدى، ھالبۇكى، ئۇلارمۇ ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتتۇر. مۇشرىكلار بۇتلارغا ۋە قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرگە ئىبادەت قىلىدۇ، لېكىن بۇ ئايەتتە ﴿(مۇشرىكلار) جىنلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىشىپتى﴾ دېيىلىدى. ئەسلىدە بۇ يەردىكى جىنلار شەيتانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار شەيتانلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار شەيتانغا ئىبادەت قىلغاندەك بولىدۇ. بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: سۈرە نىسا **117**-، سۈرە مەريەم **44**-، سۈرە ياسىن **60**-ۋە سۈرە سەبە **41**-ئايەتلەر.

② ﴿ ٱلْأَبْصَـٰرَ﴾ «بَصَرٌ» (كۆز)نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. يەنى ئىنساننىڭ كۆزى ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئەگەر بۇ سۆزدىن كۆز بىلەن كۆرۈش كۆزدە تۇتۇلغان دەپ ئالغاندا، بۇ كۆرۈش دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. يەنى بۇ دۇنيادىكى كۆز بىلەن ھېچكىم ئاللاھ تائالانى كۆرەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ مۇتەۋاتىر دەرىجىسىدىكى سەھىھ ھەدىسلەرگە

ئاساسلانغاندا، مۆئمىنلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانى كۆرەلەيدۇ ۋە جەننەتتىمۇ ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشىدۇ. مۆئتەزىلە پىرقىسى بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ھېچكىم ئاللاھ تائالانى دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ كۆرەلمەيدۇ دەپ دەۋا قىلىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت دۇنيادا كۆرەلمەيدۇ دېگەن نۇقتا تەكىتلەنگەن. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ: «كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (مىراج كېچىسى) پەرۋەردىگارىنى كۆردى دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلىغان بولىدۇ، دېدى». (سەھىھۇل بۇخارى 4855-ھەدىس) چۈنكى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن پەيغەمبەر قاتارلىق ھەر قانداق بىر ئىنسان ئاللاھنى كۆرۈشكە قادىر ئەمەس، ئەمما ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانى كۆرۈش مۇمكىن بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە يەنە بىر ئايەتتە بۇ نۇقتا ئىسپاتلانغان: ﴿بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ﴾. (سۈرە قىيامەت 22-، 23-ئايەت)

قَدۡ جَآءَكُم بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمۡۖ فَمَنۡ أَبۡصَرَ فَلِنَفۡسِهِۦۖ وَمَنۡ عَمِيَ فَعَلَيۡهَاۚ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيۡكُم بِحَفِيظٖ ﴿١٠٤﴾ وَكَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلۡأٓيَٰتِ وَلِيَقُولُواْ دَرَسۡتَ وَلِنُبَيِّنَهُۥ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ﴿١٠٥﴾

*(ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى) «(ئى ئىنسانلار!) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتىن ئايرىپ كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر① كەلدى، كىمكى (ھەقىقەتنى) كۆرسە، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگە؛ كىمكى ئۇنىڭدىن كۆز يۇمسا، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگىدۇر. مەن سىلەرگە (ئەمەللىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان) كۆزەتچى ئەمەسمەن. (پەقەت سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن)② [104]. بىز ئايەتلەرنى مۇشۇنداق خىلمۇخىل شەكىلدە بايان قىلىپ بەرسەك، مۇشرىكلار (مۇھەممەدكە سەن قۇرئاننى باشقىلاردىن) ئۆگىنىپسەن③ دەۋالىدۇ. بىز بىلەلەيدىغان قەۋمگە (ھەقىقەتنى) ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن [105].*

① ﴿بَصَآئِرُ﴾ «بَصِيْرَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەسلىدە دىلنىڭ نۇرى، يىراقنى كۆرۈش قۇۋۋىتى، دەلىل ۋە ئىبرەت دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن قۇرئان كەرىم كۆپ ئايەتلەردە قايتا-قايتا بايان قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ھەدىسلەردە بايان قىلغان دەلىل - پاكىتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىمكى بۇ دەلىل-پاكىتلارنى كۆرۈپ، ھىدايەت يولىغا ماڭسا، پايدىسى ئۆزىگە بولىدۇ؛ ئەگەر ھىدايەت يولىغا ماڭمىسا، زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتمۇ دەل مۇشۇ ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ: ﴿كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر﴾. (سۈرە ئىسرا 15-ئايەت)

② بەلكى مەن پەقەت سىلەرگە دىنني يەتكۈزگۈچى، دەۋەت قىلغۇچى، بېشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن، مېنىڭ ۋەزىپەم يول كۆرسىتىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت. بۇ يولدا ماڭدۇرۇش بولسا، ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

③ يەنى بىز تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى ناھايىتى ئوچۇق شەكىلدە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن بايان قىلساق، بۇنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار: «مۇھەممەد بۇنى بىر يەردىن ئۆگىنىپ كەلگەن» دەيدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار: ‹بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ (يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن› دەيدۇ، ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاش بىلەن ئۇنىڭغا) زۇلۇم قىلدى ۋە يالغاننى چاپلىدى. ئۇلار ئېيتتى: ‹(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېچزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ›﴾. (سۈرە فۇرقان 4-، 5-ئايەتلەر) ھالبۇكى، ئىش ئۇلار دەۋا قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئايەتلەرنى خىلمۇخىل شەكىلدە تەپسىلي بايان قىلىشتىكى مەقسەت دەلىل-پاكىتلارنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن ھەقنى بىلدىغان قەۋمگە چۈشەندۈرۈش ۋە شەرھلەشتۇر.

ٱتَّبِعۡ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ وَأَعۡرِضۡ عَنِ

ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٠٦﴾ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشۡرَكُواْۗ وَمَا جَعَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ
حَفِيظٗاۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِوَكِيلٖ ﴿١٠٧﴾ وَلَا تَسُبُّواْ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ
مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَسُبُّواْ ٱللَّهَ عَدۡوَۢا بِغَيۡرِ عِلۡمٖۗ كَذَٰلِكَ زَيَّنَّا لِكُلِّ
أُمَّةٍ عَمَلَهُمۡ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِم مَّرۡجِعُهُمۡ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ﴿١٠٨﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان (قۇرئان)غا ئەگەشكىن، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مۇشرىكلارغا پەرۋا قىلمىغىن [106]. ئەگەر ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى) خالىسا ئىدى، ئۇلار شېرىك كەلتۈرمەيتتى①. سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق، سەن ئۇلارغا ھامىيمۇ ئەمەسسەن② [107]. (ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار نادانلىقتىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ③. شۇنىڭدەك (يەنى مۇشرىكلارغا ئۆز قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتكىنىمىزدەك) ھەربىر ئۈممەتكە ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى رەببىنىڭ دەرگاھىدۇر. (شۇ چاغدا) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ياخشىغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانىنى جازالايدۇ) [108].*

① بۇ نۇقتا ئىلگىرىمۇ ئۆچۈق بايان قىلىنىپ بولغان ئىدى، ئاللاھنىڭ خاھىشى بىر نەرسە، ئەمما ئۇنىڭ رىزالىقى باشقا بىر نەرسىدۇر. ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكتە. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا مەجبۇر قىلغىنى يوق، چۈنكى مەجبۇرلاش بولغان يەردە سىناق بولمايدۇ. بولمىسا، ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. (بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن سۈرە بەقەرە 253 ـ، سۈرە ئەنئام 35 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

② بۇ مەزمۇنمۇ قۇرئان كەرىمدە بىرنەچچە جايدا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى تەقەززاسى قىلغان دەۋەت قىلىش ۋە يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئەسكەرتىپ قويۇشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپ قويۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشقا كۈچى يېتىدىغان بولسا، ئىمان ئېيتىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان تاغىسى ئەبۇ تالىپنى چوقۇم مۇسۇلمان قىلىۋالغان بولاتتى.

③ بۇ چەكلىمە گۇناھقا ۋاستە بولىدىغان نەرسىنى چەكلەش پرىنسىپىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئەگەر بىر مۇباھ ئىش ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىر زىيانغا سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ مۇباھ ئىشنى تاشلاش ئەۋزەلدۇر. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىغان كىشىگە لەنەت بولسۇن!» دېدى. ساھابىلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىشى قانداقمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىسۇن؟» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشى باشقا بىرسىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ. ئۇ كىشىمۇ بۇ كىشىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ. كىشى باشقا بىر كىشىنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ. ئۇ كىشىمۇ بۇ كىشىنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ» دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 90 ـ ھەدىس) يەنى ئۇ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق يازىدۇ: «بۇ ئايەت ۋاستىنى چەكلەش ھەققىدە كەلگەن ئاساسىي ئۇسۇل ۋە قائىدىدۇر». (فەتھۇلقەدىر)

وَأَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَـٰنِهِمْ لَئِن جَآءَتْهُمْ ءَايَةٌ لَّيُؤْمِنُنَّ بِهَا ۚ قُلْ إِنَّمَا ٱلْـَٔايَـٰتُ عِندَ ٱللَّهِ ۖ وَمَا يُشْعِرُكُمْ أَنَّهَآ إِذَا جَآءَتْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٠٩﴾ وَنُقَلِّبُ أَفْـِٔدَتَهُمْ وَأَبْصَـٰرَهُمْ كَمَا لَمْ يُؤْمِنُواْ بِهِۦٓ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَنَذَرُهُمْ فِى طُغْيَـٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١١٠﴾

*ئۇلار: «ئەگەر بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلسە①، بىز ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىمىز» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ②.*

***(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «مۆجىزىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر» دېگىن③. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ [109]. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى (ھەقىقەتنى چۈشىنىشتىن ۋە كۆرۈشتىن) بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار مۆجىزىلەرگە دەسلەپتە ئىشەنمىگىنىدەك④ (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز [110].***

① يەنى ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇلارغىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ھاسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش، سالىھ ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تۆگىگە ئوخشاش چوڭ مۆجىزىلەر كەلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، قەسەم ئىچىشىدۇ.

② يەنى سۆزلىرىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ.

③ ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى ھىدايەت تېپىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى دەرىجىدىن تاشقىرى جاھىللىق ۋە تەرسالىقتىن كېلىپ چىققان تەلەپتۇر. مەزكۇر مۆجىزىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بەزى مۇرسەل دەرىجىدىكى رىۋايەتلەردە مۇنداق كەلگەن: مەككىدىكى كاپىرلار سافا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسۇن، ئاندىن ئىمان ئېيتىمىز دەپ تەلەپ قىلغان ئىدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ئەگەر ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ھالاك قىلىنىدۇ» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق مۆجىزە تەلەپ قىلىشنى خالىمىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ دېمەك، ئۇلارنىڭ دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگەنلىكىنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدىكى، كەلگۈسىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. دىللارنى ۋە كۆزلەرنى ھەقتىن بۇرىۋېتىش دېگەن ئەنە شۇدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

۞ وَلَوْ أَنَّنَا نَزَّلْنَآ إِلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ وَكَلَّمَهُمُ ٱلْمَوْتَىٰ وَحَشَرْنَا عَلَيْهِمْ
كُلَّ شَيْءٍ قُبُلًا مَّا كَانُوا۟ لِيُؤْمِنُوٓا۟ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ
يَجْهَلُونَ ﴿١١١﴾ وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَا لِكُلِّ نَبِيٍّ عَدُوًّا شَيَٰطِينَ ٱلْإِنسِ
وَٱلْجِنِّ يُوحِى بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ زُخْرُفَ ٱلْقَوْلِ غُرُورًا ۚ وَلَوْ شَآءَ
رَبُّكَ مَا فَعَلُوهُ ۖ فَذَرْهُمْ وَمَا يَفْتَرُونَ ﴿١١٢﴾

***بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتە چۈشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان كاپىرلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن①، ئۆلۈكلەر (تىرىلىپ، سېنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىپ) ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن②، (ئۇلار تەلەپ قىلغان) ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (ئۇلار ھەممىنى كۆز ئالدىدا كۆرگەن) تەقدىردىمۇ③، ئۇلار ئىمان ئېيتمايتتى، پەقەت ئاللاھ ھىدايەت قىلىشنى خالىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى جاھىلانە سۆزلەرنى قىلىدۇ④ [111]. شۇنىڭدەك (ئى پەيغەمبەر! بىز مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەربىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق⑤، ئۇلار شېرىن ـ شېكەر سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىنى ئالداپ ۋەسۋەسە قىلىشىدۇ⑥، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئۇلار بۇنىمۇ (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنىمۇ) قىلالمايتتى⑦، ئۇلارنى ۋە ئۇلار ئويدۇرۇۋاتقان نەرسىلەرنى قويۇپ تۇرغىن (ئاللاھ ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ) [112].***

① چۈنكى كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق مۆجىزىلەرنى كۆپ تەلەپ قىلاتتى.

② ھەتتا ئۇ ئۆلۈكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاپ بەرگەن تەقدىردىمۇ.

③ بۇ ئىبارىنىڭ بىر مەنىسى: ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىنى كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، بارلىق مەۋجۇدات جەم بولۇپ، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ شەكلىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق

ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسىمۇ، ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىلەردىن باشقىلىرى ئىمان ئېيتمايدۇ. بۇ ئۇقۇمنى تۆۋەندىكى ئايەت كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾. (سۈرە يۇنۇس 96 ـ، 97 ـ ئايەت)

④ ئۇلارنىڭ بۇ جاھىلانە سۆزلىرى ئۇلار بىلەن ھەقنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئارىسىدا پەردە ۋە توسالغۇ بولغان. ئەگەر بۇ جاھالەت پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ھەقنى چۈشىنىشى، ئاندىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەقنى قوبۇل قىلىشىمۇ مۇمكىن.

⑤ بۇ يەردە ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇب بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن دېيىلدىكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ قەۋملىرى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلار سەۋرچانلىق ۋە كۈچلۈك ئىرادە بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندەك، سەنمۇ ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتا چىدامىلىق ۋە سۇباتلىق بولغىن. بۇنىڭدىن يەنە مەلۇم بولدىكى، جىنلارنىڭ ئىچىدە شەيتانغا ئەگەشكۈچىلەر مەۋجۇت بولغاندەك، ئىنسانلار ئىچىدىمۇ مەۋجۇتتۇر. بۇ ئىنسانلارنىڭ شەيتانلىرى مەزكۇر ئىككى گۇرۇھ ئىچىدىكى مۇتەكەببىر، ھەددىدىن ئاشقۇچى، ئىتائەتتىن چىققۇچى گۇرۇھتۇر.

⑥ ﴿ يُوۡحِيۡ﴾ يوشۇرۇن سۆزلىمەك، يوشۇرۇن مەلۇم قىلماق دېگەن مەنىدە. يەنى شەيتانلار ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ھىيلە ـ مىكىر ئۆگىتىدۇ. مەقسىتى ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ، ۋەسۋەسە قىلىشتۇر. ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەن ۋەقەلەردىن ئايان بولدىكى، شەيتانىي پائالىيەتلەردە كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپ ھەمكارلىشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن يامانلىق تېزلا يامراپ كېتىدۇ.

⑦ يەنى ئاللاھ تائالا شەيتانلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بەربات قىلىشقا قادىردۇر. لېكىن ئۇ بۇ ئىشنى مەجبۇرىي شەكىلدە قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە يولغا قويغان قانۇنىيىتى ۋە ئۇسۇل ـ پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرنى

ئۇ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ.

وَلِتَصۡغَىٰٓ إِلَيۡهِ أَفۡـِٔدَةُ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ وَلِيَرۡضَوۡهُ وَلِيَقۡتَرِفُواْ
مَا هُم مُّقۡتَرِفُونَ ﴿١١٣﴾ أَفَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَبۡتَغِي حَكَمٗا وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ
إِلَيۡكُمُ ٱلۡكِتَٰبَ مُفَصَّلٗاۚ وَٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَعۡلَمُونَ أَنَّهُۥ
مُنَزَّلٞ مِّن رَّبِّكَ بِٱلۡحَقِّۖ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُمۡتَرِينَ ﴿١١٤﴾

***(ئۇلار) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى (ئۇ شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرگە) مايىل بولسۇن، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە ئۇلار قىلىۋاتقان گۇناھلارنى بۇلارمۇ قىلسۇن، (دەپ شۇنداق ۋەسۋەسە قىلىدۇ)① [113]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرگە (ھەقىقەتنى) ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغان زات تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقا ھۆكۈم قىلغۇچى ئىزدەمدىمەن؟» بىز كىتاب ئاتا قىلغان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇ (قۇرئان)نىڭ رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ، سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن② [114].***

① شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە پەقەت ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان، ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەرلا دۇچار بولىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتكە بولغان ئىمانى قانچىلىك سۇسلاشسا، شەيتانىنىڭ دامىغا چۈشۈشىمۇ شۇنچىلىك كۆچلۈك بولىدۇ.

② ئاللاھ تائالا بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتتە ئۈممەتكە تەلىم بېرىۋاتىدۇ.

وَتَمَّتۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ صِدۡقٗا وَعَدۡلٗاۚ لَّا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِهِۦۚ وَهُوَ
ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿١١٥﴾ وَإِن تُطِعۡ أَكۡثَرَ مَن فِي ٱلۡأَرۡضِ يُضِلُّوكَ عَن

سَبِيلِ ٱللَّهِۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ ﴿١١٦﴾ إِنَّ رَبَّكَ
هُوَ أَعْلَمُ مَن يَضِلُّ عَن سَبِيلِهِۦۖ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١١٧﴾
فَكُلُواْ مِمَّا ذُكِرَ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ إِن كُنتُم بِـَٔايَٰتِهِۦ مُؤْمِنِينَ ﴿١١٨﴾

***رەببىڭنىڭ سۆزى راستلىق ۋە توغرىلىق جەھەتتە ۋايىغا يەتكەندۇر①، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر②. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر③ [115]. ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە (يەنى كاپىرلارغا) ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلار پەقەت پەرەزگىلا ئەگىشىدۇ، يالغانىنىلا سۆزلەيدۇ④ [116]. (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ھەقىقەتەن ئوبدان بىلىدۇ، توغرا يول تاپقانلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ [117]. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار⑤ [118].***

① يەنى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدىكى ۋەقە ۋە خەۋەرلەر ھەق ۋە راستلىقتا ۋايىغا يەتكەندۇر. شۇنىڭدەك ھۆكۈم قىلغان مەسىلە ۋە ئەھكاملىرىنىڭ ئادىللىقىدىمۇ كامالەتكە يەتكەندۇر. يەنى ئۇنىڭ ھەربىر بۇيرۇق ۋە چەكلىمىسى ئىنساپ ۋە ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا بۇيرۇدى. ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە زىيانلىق بولغان بارلىق نەرسىلەردىن چەكلىدى. ئىنسان ئۆزىنىڭ نادانلىقى ياكى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بۇ ھەقىقەتنى چۈشۈنەلمەي قالدى.

② يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچكىم يوق. چۈنكى ئاللاھتىن كۈچلۈك ھېچكىم يوق.

③ يەنى بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ ھەر بەندىگە قىلمىشىغا يارىشا جازا بېرىدۇ.

④ قۇرئان كەرىم بايان قىلغان بۇ ھەقىقەتلەرنى ھەر دەۋردە ئەمەلىيەتتە

كۆرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾. (سۈرە يۇسۇف 103-ئايەت) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھەق يولدا ماڭىدىغانلار ھەمىشە ئاز بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايان بولىدۇكى، ھەق بىلەن باتىل كىشىلەرنىڭ ئاز-كۆپلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يەنى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ تاللىغان يولى توغرا ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تاللىغىنى خاتا بولۇپ قالمايدۇ. مەزكۇر قۇرئانىي ھەقىقەت بويىچە ھەق يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى ئاز ۋە باتىلغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىم 73 پىرقىگە بۆلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى جەننەتكە كىرىدۇ، قالغىنى جەھەننەمگە كىرىدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىرىدىغان پىرقىنى «مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ يولىدا ماڭغۇچىلار» دەپ سۈپەتلىگەن. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 4596-ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 2641-ھەدىس)

⑤ يەنى ئوۋ ئوۋلىغان ياكى بوغۇزلىغان چاغدا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ ئوۋلانغان ۋە بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار. شەرتى شۇكى، ئۇ يېيىش چەكلەنمىگەن مۇباھ ھايۋانلاردىن بولسۇن. دېمەك، مۇشۇنداق چاغلاردا ئاللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان بولسا، ئۇ مال ھالال ۋە پاك بولمايدۇ. ئەمما تۆۋەندىكى ئەھۋال مەزكۇر چەكلىمىگە كىرمەيدۇ. يەنى بۇ مالنى قاسساپ بوغۇزلىغان چاغدا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتقانمىدۇ ياكى ئېيتمىغانمىدۇ؟ دەپ گۇمان قىلىپ قالغان ئەھۋالدا، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ يېسە بولىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «بەزى كىشىلەر بىزگە گۆش ئېلىپ كېلىدۇ (يەنى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان سەھرا ئەرەبلىرى، ئۇلار ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئەمەس ئىدى) بىز ئۇلارنىڭ مالنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان ياكى ئالمىغانلىقىنى بىلمەيمىز دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر بىسمىللاھ دەپ يەڭلار» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 5507-ھەدىس) يەنى شۈبھىلىنىپ قالغان ۋاقىتتا مۇشۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ھەر قانداق ھايۋاننىڭ گۆشى بىسمىللاھ دېيىش بىلەن ھالال بولۇپ قالىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدىن شۇ ئايان بولىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بازارلىرى ۋە دۇكانلىرىدا سېتىلىۋاتقان گۆشلەر ھالالدۇر.

ئەگەر كىشى ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن گۆشتىن شەكلىنىپ قالسا، يەيدىغان ۋاقىتتا بىسمىللاھ دەپ يېسە بولىدۇ.

وَمَا لَكُمۡ أَلَّا تَأۡكُلُواْ مِمَّا ذُكِرَ ٱسۡمُ ٱللَّهِ عَلَيۡهِ وَقَدۡ فَصَّلَ
لَكُم مَّا حَرَّمَ عَلَيۡكُمۡ إِلَّا مَا ٱضۡطُرِرۡتُمۡ إِلَيۡهِۗ وَإِنَّ كَثِيرٗا
لَّيُضِلُّونَ بِأَهۡوَآئِهِم بِغَيۡرِ عِلۡمٍۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُعۡتَدِينَ ١١٩
وَذَرُواْ ظَٰهِرَ ٱلۡإِثۡمِ وَبَاطِنَهُۥٓۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡسِبُونَ ٱلۡإِثۡمَ سَيُجۡزَوۡنَ
بِمَا كَانُواْ يَقۡتَرِفُونَ ١٢٠

*زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى① ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر نادانلىقتىن ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، (بۇ خىل مەسىلىلەردە) باشقىلارنى ئازدۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ (شەرئىي دەلىلسىز ھالال، ھارام دەپ ھۆكۈم قىلىپ) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ [119]. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تاشلاڭلار. شەكسىزكى، گۇناھ قىلغۇچىلار كىشىلەر ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئاخىرەتتە) جازاغا تارتىلىدۇ [120].*

① بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇشۇ سۈرىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۈرىلەردە ۋە ھەدىسلەردە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىندى. ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن باشقا ھەممە نەرسە ھالالدۇر. ھارام قىلىنغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن قاتتىق قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتتا جانني ساقلاپ قالغىدەك يېيىش جايىزدۇر.

وَلَا تَأۡكُلُواْ مِمَّا لَمۡ يُذۡكَرِ ٱسۡمُ ٱللَّهِ عَلَيۡهِ وَإِنَّهُۥ لَفِسۡقٞۗ وَإِنَّ
ٱلشَّيَٰطِينَ لَيُوحُونَ إِلَىٰٓ أَوۡلِيَآئِهِمۡ لِيُجَٰدِلُوكُمۡۖ وَإِنۡ أَطَعۡتُمُوهُمۡ إِنَّكُمۡ

لَمُشۡرِكُونَ ﴿١٢١﴾ أَوَمَن كَانَ مَيۡتٗا فَأَحۡيَيۡنَٰهُ وَجَعَلۡنَا لَهُۥ نُورٗا يَمۡشِي
بِهِۦ فِي ٱلنَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُۥ فِي ٱلظُّلُمَٰتِ لَيۡسَ بِخَارِجٖ مِّنۡهَاۚ
كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلۡكَٰفِرِينَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٢٢﴾

***(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر①. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى ھالال-ھارام ئىشىدا) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ (قۇترىتىدۇ)②، ئەگەر ئۇلارغا بويسۇنساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر [121]. ئەسلىدە (مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يۈرەلەيدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە (يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا) قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟③ كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى [122].***

① يەنى قەستەن ئاللاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنماي بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش گۇناھتۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنى پاسىق دېيىشكە بولمايدۇ.» ئىمام بۇخارىمۇ بۇ نۇقتىنى قوللايدۇ. مانا بۇ ھەنەفىيلەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي: مۇسۇلمان بوغۇزلىغان مال مەيلى ئۇنى بوغۇزلىغاندا قەستەن بىسمىللاھ دېمىسۇن ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ دېمىسۇن ھەر ئىككى ھالەتتە ھالالدۇر، دەيدۇ ۋە «ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر» دېگەن ئايەت ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بوغۇزلانغان مالنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

② شەيتانلار ئۆزىنىڭ دوستلىرى ئارقىلىق ئىغۋا تارقىتىپ: «مۇسۇلمانلار ئاللاھ ئۆلتۈرۈپ بەرگەننى (ئۆلۈكنى) ھارام دەپ يېمەيدۇ، ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆلتۈرگەننى ھالال دەپ يەيدۇ، يەنە تېخى بىز ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيمىز دەپ دەۋا قىلىدۇ» دېدى. ئۇلارغا جاۋابەن بۇ يەردە دېيىلدىكى، شەيتان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدانماڭلار، بوغۇزلانماي ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش

ھالال بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ نامى ئېيتىلمىغان ھايۋان جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ (دېمەك ھايۋانلىرىدىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلار ھالالدۇر).

③ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا كاپىرنى ئۆلۈك، مۆئمىننى تىرىك دەپ ئاتىدى. چۈنكى كاپىر كۇفرى-زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا قايمۇقۇپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن چىقالماي ئاخىرى ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ. مۆئمىننىڭ قەلبىنى ئاللاھ تائالا ئىمان بىلەن تىرىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھاياتلىق يولى نۇرلۇق ۋە روشەن بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ ئىمان ۋە ھىدايەت يولىدا ئىزچىل ماڭىدۇ، نەتىجىدە نىجاتلىققا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

بۇ نۇقتا تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىلگەن:

﴿ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ (يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ دوستلىرى تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا چوقۇنۇلغانلار)دۇر، تاغۇت ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن چىقىرىپ (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىغا كىرگۈزىدۇ. ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۇ قالغۇچىلاردۇر﴾. (سۈرە بەقەرە 257-ئايەت)

﴿(كاپىرلار ۋە مۆئمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار، (بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، (يەنە بىر پىرقە بولسا) كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئىبرەت ئالامسىلەر؟﴾. (سۈرە ھۇد 24-ئايەت) ﴿كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم (يەنى كاپىر بىلەن مۆئمىن) باراۋەر بولمايدۇ. زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ. سايە بىلەن ئىسسىق (يەنى جەننەت بىلەن دوزاخ) باراۋەر بولمايدۇ. تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر (يەنى مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) باراۋەر بولمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ھەق دەۋەتنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى كاپىرلارغا) ئاڭلىتالمايسەن. سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن﴾. (سۈرە فاتىر 19-دىن 23-ئايەتكىچە)

وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَا فِي كُلِّ قَرْيَةٍ أَكَٰبِرَ مُجْرِمِيهَا لِيَمْكُرُواْ فِيهَاۖ وَمَا

يَمۡكُرُونَ إِلَّا بِأَنفُسِهِمۡ وَمَا يَشۡعُرُونَ ﴿١٢٣﴾ وَإِذَا جَآءَتۡهُمۡ ءَايَةٞ قَالُواْ
لَن نُّؤۡمِنَ حَتَّىٰ نُؤۡتَىٰ مِثۡلَ مَآ أُوتِيَ رُسُلُ ٱللَّهِۘ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ حَيۡثُ
يَجۡعَلُ رِسَالَتَهُۥۗ سَيُصِيبُ ٱلَّذِينَ أَجۡرَمُواْ صَغَارٌ عِندَ ٱللَّهِ وَعَذَابٞ
شَدِيدُۢ بِمَا كَانُواْ يَمۡكُرُونَ ﴿١٢٤﴾ فَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ أَن يَهۡدِيَهُۥ يَشۡرَحۡ
صَدۡرَهُۥ لِلۡإِسۡلَٰمِۖ وَمَن يُرِدۡ أَن يُضِلَّهُۥ يَجۡعَلۡ صَدۡرَهُۥ ضَيِّقًا حَرَجٗا
كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي ٱلسَّمَآءِۚ كَذَٰلِكَ يَجۡعَلُ ٱللَّهُ ٱلرِّجۡسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا
يُؤۡمِنُونَ ﴿١٢٥﴾ وَهَٰذَا صِرَٰطُ رَبِّكَ مُسۡتَقِيمٗاۗ قَدۡ فَصَّلۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ
لِقَوۡمٖ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٢٦﴾

شۇنىڭدەك (يەنى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىنى باش گۇناھكارلىرى قىلغىنىمىزدەك)، ھەربىر شەھەرنىڭ كاتتىباشلىرىنى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشى ئۈچۈن باش گۇناھكارلار قىلدۇق①، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى پەقەتلا ئۆزلىرىگە يانىدۇ (يەنى ئۇلار ئۆز ھىيلە ـ مىكىرلىرىنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ)، ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ② [123]. ئۇلارغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) بىرەر مۆجىزە كەلسىلا، «بىزگىمۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلگەندەك مۆجىزە بېرىلمىگۈچە③ (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى (يەنى كىمگە بېرىشنى) ئوبدان بىلىدۇ④، (بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلەر تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خارلىققا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [124]. ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كېڭەيتىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، ئۇنىڭ ئىچى گويا ئاسمانغا تېز ئۆرلەۋاتقاندەك سىقىلىدۇ⑤، ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابنى مۇسەللەت قىلىدۇ⑥ [125]. (ئى پەيغەمبەر!) بۇ (ئىسلام دىنى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ توغرا يولىدۇر، ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن

***ئايەتلەرنى مۇشۇنداق ئوچۇق بايان قىلدۇق [126].***

① ﴿اَكٰبِرَ﴾ بولسا «أَكْبَرُ»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ئۇنىڭدىن كاپىر ۋە پاسىقلارنىڭ سەردار ۋە كاتتىباشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەر ۋە ھەقكە دەۋەت قىلغۇچىلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتا باشلامچى ۋە ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچىلاردۇر، ئاۋام-خەلق بولسا ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەردۇر، شۇڭا ئۇلار ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنداق كىشىلەر جەمئىيەتتە مال-دۇنيا، ھوقۇق-مەنسەپ، جەمەت ۋە يۈز-ئابروي جەھەتتىن يۇقىرى ماقامدا تۇرىدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇشتىمۇ باشلامچى بولۇپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. (بۇ مەزمۇن سۈرە سەبەئ 31-ئايەتتىن 33-ئايەتكىچە، سۈرە زۇخرۇف 23-، سۈرە نۇھ 22-ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىنغان)

② يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامانلىقلىرىنىڭ ۋابالىغا، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ. دېمەك ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. (سۈرە ئەنكەبۇت 13-ۋە سۈرە نەھل 25-ئايەتكە قارالسۇن)

③ يەنى بىزگىمۇ پەرىشتىلەر ۋەھيى ئېلىپ كېلىپ، باشلىرىمىزغا پەيغەمبەرلىك تاجىنى كەيدۇرمىگۈچە، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز.

④ يەنى كىمنى پەيغەمبەر قىلىش ھەققىدە قارار قىلىش ئاللاھقىلا خاستۇر. چۈنكى ئۇ ھەر ئىشنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىسىنى ئوبدان بىلىدۇ، يەنە كىمنىڭ پەيغەمبەرلىككە لايىق ئىكەنلىكىمۇ ئۇنىڭغا مەلۇمدۇر. پەيغەمبەرلىككە مەككىنىڭ قايسىبىر دۆلەتمەن ئادىمى لايىقمۇ؟ ياكى ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى، ئامىنەنىڭ يېتىم بالىسىمۇ؟ بۇنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

⑤ يەنى ئىنسان ئۇچۇن ھەر قانچە كۈچەپمۇ ئاسمانغا ئۆرلەش مۇمكىن بولمىغاندەك، ئاللاھ قەلبىنى تار قىلغان ئادەمنىڭ قەلبىگە ئىماننى كىرگۈزۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئاللاھ دىلىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بەرگەن ئادەملا ھىدايەت تاپالايدۇ.

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا ئازدۇرۇشنى ئىرادە قىلغان ئادەمنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنى تارايتىۋەتكەندەك، ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمايدىغانلارنىڭ

ئۈستىگە شەيتاننى ياكى ئازابنى ياكى خارلىقنى، ناپاكلىقنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ. ﴿الرِّجْسَ﴾ دېگەن ناپاكلىق، خارلىق، ئازاب ياكى شەيتاننىڭ ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

۞ لَهُمْ دَارُ ٱلسَّلَٰمِ عِندَ رَبِّهِمْ ۖ وَهُوَ وَلِيُّهُم بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢٧﴾
وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا يَٰمَعْشَرَ ٱلْجِنِّ قَدِ ٱسْتَكْثَرْتُم مِّنَ ٱلْإِنسِ ۖ
وَقَالَ أَوْلِيَآؤُهُم مِّنَ ٱلْإِنسِ رَبَّنَا ٱسْتَمْتَعَ بَعْضُنَا بِبَعْضٍ وَبَلَغْنَآ
أَجَلَنَا ٱلَّذِىٓ أَجَّلْتَ لَنَا ۚ قَالَ ٱلنَّارُ مَثْوَىٰكُمْ خَٰلِدِينَ فِيهَآ إِلَّا مَا
شَآءَ ٱللَّهُ ۗ إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ عَلِيمٌ ﴿١٢٨﴾

*پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا دارۇسسالام (تىنچلىق يۇرتى بولغان جەننەت) بار①، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئاللاھ ئۇلارغا مەدەتكاردۇر [127]. ئاللاھ (ئىنسانلار ۋە جىنلارنى ھېساب ئۈچۈن) تولۇق يىغىدىغان كۈنى: «ئى جىنلار (تائىپىسىدىن بولغان شەيتانلار) جامائەسى! سىلەر ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار②» (دەيدۇ). ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: «ئى رەببىمىز! بىز بىر - بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق③، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (يەنى قىيامەت كۈنىگە) يەتتۇق»④ دەيدۇ، ئاللاھ: «دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، پەقەت ئاللاھ خالىغان ۋاقىتلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا»⑤ دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [128].*

① ئاللاھ تائالا بۇ يەردە جەننەتنى دارۇسسالام يەنى تىنچلىق يۇرتى دەپ سۈپەتلىدى. چۈنكى، دۇنيادا مۇئمىنلەر كۇفرى-زالالەت يوللىرىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئىمان ۋە ھىدايەتتىن ئىبارەت توغرا يولدا مېڭىپ سالامەت قالغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك يۇرتى بولغان جەننەتتە سالامەت ياشايدۇ.

ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ياردەمچىسى ۋە مەدەتكارى بولىدۇ.

② يەنى سىلەر ئىنسانلاردىن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ، ئۆزۈڭلارغا ئەگەشكۈچى قىلىۋالدىڭلار. سۈرە ياسىندا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴾. (سۈرە ياسىن 60 ـ، 62 ـ ئايەتلەر)

③ جىنلار ۋە ئىنسانلار بىر ـ بىرىدىن قانداق پايدىلاندى ۋە نېمە پايدا ئالدى؟ تەپسىرلەردە بۇنىڭ ئىككى خىل ئۇقۇمى قەيت قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچىسى: جىنلارنىڭ ئىنسانلاردىن پايدىلانغانلىقى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىسى قىلىش بىلەن ھۇزۇرلىنىشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ جىنلاردىن پايدىلانغانلىقى شۇكى، شەيتانلار چىرايلىق كۆرسەتكەن گۇناھلارنى ئىنسانلارنىڭ قوبۇل قىلغانلىقى ۋە گۇناھلارنىڭ لەززىتىگە چۆمۈپ ياشىغانلىقىدۇر. ئىككىنچىسى: جىن ـ شەيتانلار تەرىپىدىن تارقىتىلغان غەيبىي خەۋەرلەرگە ئىنسانلار ئىشەنگەن، مانا بۇ جىنلارنىڭ ئىنسانلارنى ئالداپ پايدىلانغانلىقىدۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ جىنلار تارقاتقان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەردىن ھۇزۇر ئالغانلىقى، كاھىنلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۇ ئارقىلىق تاپاۋەت ۋە كىرىم قىلغانلىقى ئىنسانلارنىڭ جىنلاردىن پايدىلانغانلىقىدۇر.

④ يەنى ئۇلار: بىز دۇنيادىكى ۋاقىتتا ئىشەنمىگەن قىيامەت راستتىنلا يۈز بەردى، دەيدۇ. ئۇنىڭغا جاۋابەن ئاللاھ تائالا: ﴿دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر﴾ دەيدۇ.

⑤ قۇرئان كەرىمدە تەكرار بايان قىلىنغان مەسىلىلەردىن بىرى شۇكى، ئاللاھنىڭ خالىغىنى بويىچە كاپىرلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن خاتا چۈشەنچىدە بولماستىن، ئۇنى توغرا چۈشەنمەك لازىم. چۈنكى، بۇ يەردىكى ئىستىسنا ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ئىرادىسىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇنى باشقا نەرسىگە باغلاشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئەگەر ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى جەھەننەمدىن چىقىرىشنى ئىرادە قىلسا، چىقىرىشقا قادىردۇر، ئۇ بۇنداق قىلىشتىن ئاجىزمۇ

ئەمەستۇر، ھېچكىم ئۇنى بۇنىڭدىن توسۇۋالالمايدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر)

وَكَذَٰلِكَ نُوَلِّي بَعْضَ ٱلظَّٰلِمِينَ بَعْضًۢا بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ١٢٩
يَٰمَعْشَرَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَقُصُّونَ
عَلَيْكُمْ ءَايَٰتِي وَيُنذِرُونَكُمْ لِقَآءَ يَوْمِكُمْ هَٰذَاۚ قَالُواْ شَهِدْنَا
عَلَىٰٓ أَنفُسِنَاۖ وَغَرَّتْهُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا وَشَهِدُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ أَنَّهُمْ
كَانُواْ كَٰفِرِينَ ١٣٠

***شۇنىڭدەك (يەنى جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ئىنسانلارنىڭ كاپىرلىرىغا مۇسەللەت قىلىپ قويغىنىمىزدەك)، زالىملارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىگە مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز① [129]. «ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ئەلچىلەر كەلمىدىمۇ؟»② (دېيىلگەندە)، ئۇلار: «(كەلگەن ئەمما بىز ئۇلارغا ئىشەنمىگەن گۇناھىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ) ئۆزىمىزگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىمىز» دەيدۇ. ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالداپ قويغان ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن (دۇنيادا) كاپىر بولغانلىقلىرىنى (ئېتىراپ قىلىپ) ئۆزلىرىگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ③ [130].***

① بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى، ئۇلارنى جەھەننەمدە بىر-بىرىگە يېقىن قىلىمىز. ئىككىنچى مەنىسى، خۇددى بىز ئىنسانلار ئىچىدىكى زىيانكارلارغا ئۇلارنى ئازدۇرىۋېتىدىغان جىنلارنى مۇسەللەت قىلىپ قويغىنىمىزدەك (ئالدىنقى ئايەتتە تىلغا ئېلىندى)، جازالاش يۈزىسىدىن زالىملارنىڭمۇ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر زالىم يەنە بىر زالىمنى ھالاك قىلىدۇ. بىر زالىم ئارقىلىق يەنە بىر زالىمدىن ئىنتىقام ئېلىنىدۇ.

② جىنلار دىندا ئىنسانلارغا كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىدۇ. چۈنكى، جىنلارغا ئايرىم پەيغەمبەر كەلمىگەن. ئەمما جىنلارنىڭ ئىچىدە

پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزىدىغان ئاگاھلاندۇرغۇچىلار بولۇپ تۇرغان. ئۇلار ئۆز قەۋمىدىن بولغان جىنلارنى ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلىپ تۇرغان ۋە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. مۇنداق بىر قاراش باركى، جىنلار ئىنسانلار يارىتىلىشتىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى، شۇ چاغلاردا ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلگەن بولۇشى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىن كېيىن ئىنسانلاردىن بولغان پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە باشلىغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ئەلۋەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق جىنلار ۋە ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭدا ھېچ شۈبھە يوقتۇر.

③ مەھشەر مەيدانىدا كاپىرلار پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. بىردەم ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىك بولغانلىقلىرىنى ئىنكار قىلسا، (سۈرە ئەنئام 23-ئايەتتە كەلگەندەك) بىردەم ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمايدۇ. بۇ ئايەتتە ئېتىراپ قىلغانلىقى بايان قىلىندى.

ذَٰلِكَ أَن لَّمْ يَكُن رَّبُّكَ مُهْلِكَ ٱلْقُرَىٰ بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا غَٰفِلُونَ ﴿١٣١﴾
وَلِكُلٍّ دَرَجَٰتٌ مِّمَّا عَمِلُوا۟ ۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٣٢﴾
وَرَبُّكَ ٱلْغَنِىُّ ذُو ٱلرَّحْمَةِ ۚ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَسْتَخْلِفْ مِنۢ بَعْدِكُم
مَّا يَشَآءُ كَمَآ أَنشَأَكُم مِّن ذُرِّيَّةِ قَوْمٍ ءَاخَرِينَ ﴿١٣٣﴾ إِنَّ مَا
تُوعَدُونَ لَءَاتٍ ۖ وَمَآ أَنتُم بِمُعْجِزِينَ ﴿١٣٤﴾

*بۇ (پەيغەمبەر ئەۋەتىش) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، رەببىڭ شەھەرلەر ئاھالىلىرىنى (ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ ئاگاھلاندۇرماستىن) غەپلەتتە تۇرغان ۋاقتىدا كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلغان ئەمەس① [131]. ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەستۇر② [132]. پەرۋەردىگارىڭ (ھېچكىمگە) موھتاج ئەمەستۇر، رەھمەت ئىگىسىدۇر③. ئەگەر ئۇ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، سىلەرنى خۇددى باشقا بىر قەۋمنىڭ نەسلىدىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەردىن كېيىن ئورنۇڭلارغا ئۆزى خالىغان باشقا بىر قەۋمنى قويىدۇ④ [133]. شەكسىزكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان*

*(قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش قاتارلىق) ئىشلار چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر⑤ [134].*

① يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق دەلىل-ئىسپات ھازىرلىماي تۇرۇپ كىشىلەرنى ھالاك قىلمايدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە فاتىر 24-، سۈرە نەھل 26-، سۈرە ئىسرا 15-ۋە سۈرە مۇلك 8-9-ئايەتلەردە بايان قىلىندى.

② يەنى ھەربىر جىن ۋە ئىنساننىڭ قىلمىشىغا قارىتا دەرىجىسى پەرقلىق بولىدۇ. دېمەك، جىنلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش جەننەتتىي ۋە دوزىخىي دەپ ئايرىلىدۇ.

③ كەرەملىك ئاللاھ بارلىق مەخلۇقاتلىرىدىن ھەممە جەھەتتە بىھاجەتتۇر. ئۇلارغا موھتاج ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىگىمۇ ئېھتىياجى يوقتۇر. ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ئاللاھقا پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقىمۇ ئاللاھقا زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇ شۇ قەدەر ئۇلۇغ ۋە بىھاجەت تۇرۇپمۇ، يەنە مەخلۇقاتلىرىغا رەھىمدىلدۇر. ئۇنىڭ بىھاجەتلىكى مەخلۇقاتلىرىغا رەھىم-شەپقەت قىلىشقا توسالغۇ بولمايدۇ.

④ بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى قەۋملەرنى خۇددى خاتا ھەرپنى قەغەز يۈزىدىن ئۆچۈرگەندەك يەر يۈزىدىن يوق قىلدى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا قەۋملەرنى ياراتتى، ئۇ ھازىرمۇ سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا سىلەرگە ئوخشىمايدىغان باشقا قەۋملەرنى يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. (بۇ ھەقتە سۈرە نىسا 133-، سۈرە ئىبراھىم 20-، سۈرە فاتىر 15-ۋە سۈرە مۇھەممەد 38-ئايەتلەرگە قارالسۇن)

⑤ «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان قىيامەت» يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، جازالىنىش ياكى مۇكاپاتلىنىش قاتارلىقلار چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ. «سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگەننىڭ يەنە بىر مەنىسى «سىلەر ئاللاھنى ھەرگىز ئاجىز قىلالمايسىلەر» يەنى سىلەر چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسەڭلارمۇ، ھەتتا زەررىگە ئايلىنىپ كەتسەڭلارمۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر.

قُلۡ يَٰقَوۡمِ ٱعۡمَلُواْ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمۡ إِنِّي عَامِلٞۖ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن
تَكُونُ لَهُۥ عَٰقِبَةُ ٱلدَّارِۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿١٣٥﴾ وَجَعَلُواْ لِلَّهِ
مِمَّا ذَرَأَ مِنَ ٱلۡحَرۡثِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ نَصِيبٗا فَقَالُواْ هَٰذَا لِلَّهِ بِزَعۡمِهِمۡ
وَهَٰذَا لِشُرَكَآئِنَاۖ فَمَا كَانَ لِشُرَكَآئِهِمۡ فَلَا يَصِلُ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَا كَانَ لِلَّهِ
فَهُوَ يَصِلُ إِلَىٰ شُرَكَآئِهِمۡۗ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ﴿١٣٦﴾

***(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىۋېرىڭلار (يەنى كۇفرىدا ۋە گۇناھتا چىڭ تۇرىۋېرىڭلار)، مەنمۇ (ئۆز يولۇم بويىچە) ئىش قىلىۋېرەي (يەنى مەنمۇ ئۆز دەۋىتىمدە چىڭ تۇراي)①. ئاخىرەتتە كىمنىڭ ئاقىۋەتنى ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۇزۇنغا قالماي بىلىسىلەر. شۇ ئېنىقكى، زالىملار ھەرگىز مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ»② [135]. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چارۋىلاردىن (يەنى تۆگە، كالا، قويلاردىن) ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە (يەنە بۇتلىرى ئۈچۈن بىر نېسىۋە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرىچە (ھېچقانداق دەلىلسىزلا): «بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر»③ دېدى. (ئۇلارنىڭ قارىشىچە) بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن ئاللاھنىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى④، (ئەمما) ئاللاھنىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى (مۇشرىكلار ئاللاھقا ئاتىغان نېسىۋىدىن بۇتلارغا ئاتىغان نېسىۋىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسى ئىچىدە قالدۇراتتى ۋە ئاللاھ باي، بۇنىڭغا موھتاج ئەمەس، دەيتتى. بۇتلىرىغا ئاتىغان نېسىۋىدىن ئاللاھقا ئاتىغان نېسىۋىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىگە قايتۇرۇۋېتەتتى)⑤. ئۇلارنىڭ (بۇ) ھۆكمى نېمىدېگەن قەبىھ! [136]***

① بۇ يەردىكى بۇيرۇق كۇفرى ۋە گۇناھتا چىڭ تۇرۇشقا بېرىلگەن رۇخسەت ئەمەس، بەلكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. بۇ نۇقتا كېيىنكى ئايەتتە تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. مەسىلەن: يەنە بىر سۈرىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، ‹سىلەر ئۆز يولۇڭلار

بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، بىزمۇ ئۆز يولىمىز بويىچە ھەرىكەت قىلايلى. سىلەر (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز﴾. (سۈرە ھۇد 121-، 122-ئايەتلەر)

② ئەمەلىيەتتە مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۆز ۋەدىسىنىڭ راستلىقىنى ھەقىقەتەن ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. مەسىلەن: ھىجرىيىنىڭ 8-يىلى مەككە پەتھى قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب قەبىلىلىرى بەس-بەستە مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىدى، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى مۇسۇلمانلارنىڭ كونتروللىقىغا ئۆتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلامنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ باردى.

③ بۇ ئايەتتە مۇشرىكلار ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان خاتا ئېتىقاد ۋە ئەمەللەرنىڭ مىسالى بايان قىلىندى. ئۇلار زېمىندىن چىققان زىرائەت ۋە چارۋا-ماللارنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھ ئۈچۈن، يەنە بىر قىسمىنى مۆرىمەس بۇتلىرى ئۈچۈن ئاتاپ ئايرىپ قوياتتى. ئاللاھقا ئاتاپ ئايرىغان نەرسىلىرىنى مېھمانلارغا، پېقىر-مىسكىنلەرگە ۋە يەنە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا ئىشلىتەتتى. بۇتلارغا ئاتاپ ئايرىغان نەرسىلىرىنى بۇتلار ئەتراپىدىكى خادىملارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ئىشلىتەتتى. ئەگەر بۇتلارغا ئاتىغان زىرائەتلەردىن كۈتكەندەك مول-ھوسۇل ئالالماي قالسا، ئاللاھقا ئاتىغان نەرسىلەردىن ئېلىپ، تولۇقلاپ قوياتتى، ئەگەر ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالسا، ئاللاھ دېگەن باي دەپ، بۇتلارغا ئاتىغان نەرسىلەردىن ئاللاھقا ئاتىغان نەرسىلەرگە قوشۇپ قويمايتتى.

④ ئەگەر ئاللاھقا ئاتىغان زىرائەتلەردىن مول-ھوسۇل ئاز چىقىپ قالسا، بۇتلارغا ئاتىغان نەرسىلەردىن سەدىقە ۋە خەير-ساخاۋەت قىلمايتتى.

⑤ بۇتلارغا ئاتىغان نەرسىلەر كەم بولۇپ قالسا، ئاللاھقا ئاتىغان نەرسىلەردىن ئېلىپ، بۇتلارغا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى خىزمەتكارلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ئىشلىتەتتى. يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا بۇتلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە قورقۇش ئاللاھقا بولغان ھۆرمەت ۋە قورقۇشتىن ئۈستۈن ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال بۈگۈنكى مۇشرىكلارنىڭ ئادەتلىرىدىمۇ تېپىلىدۇ.

وَكَذَٰلِكَ زَيَّنَ لِكَثِيرٍ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ قَتْلَ أَوْلَٰدِهِمْ شُرَكَآؤُهُمْ

لِيُرْدُوهُمْ وَلِيَلْبِسُواْ عَلَيْهِمْ دِينَهُمْ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا فَعَلُوهُ فَذَرْهُمْ
وَمَا يَفْتَرُونَ ﴿١٣٧﴾ وَقَالُواْ هَٰذِهِۦٓ أَنْعَٰمٌ وَحَرْثٌ حِجْرٌ لَّا يَطْعَمُهَآ إِلَّا
مَن نَّشَآءُ بِزَعْمِهِمْ وَأَنْعَٰمٌ حُرِّمَتْ ظُهُورُهَا وَأَنْعَٰمٌ لَّا يَذْكُرُونَ
ٱسْمَ ٱللَّهِ عَلَيْهَا ٱفْتِرَآءً عَلَيْهِ سَيَجْزِيهِم بِمَا كَانُواْ يَفْتَرُونَ ﴿١٣٨﴾

*مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى (بولمىش شەيتانلار) مۇشرىكلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن① ، يۇقىرىقىدەك (يەنى ئاللاھقا ۋە بۇتلىرىغا نېسىۋە ئايرىپ قويۇشنى چىرايلىق كۆرسەتكەندەك) ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى② . ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلار بۇ (قەبىھ ئىش)نى قىلالمايتتى③ . شۇڭا سەن ئۇلارنى (ئاللاھ نامىدىن) ئويدۇرغان يالغانلىرى بىلەن بىللە قويۇپ تۇرغىن [137]. ئۇلار ئۆز گۇمانىچە (ئاللاھ شۇنداق بۇيرۇغان دەپ) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرۇپ: «بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) ھارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ④ ، بۇ (بىر قىسىم) ھايۋانلارنى مىنىش ھارامدۇر⑤ ، بۇ (بىر قىسىم) ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ»⑥ دېدى. پات يېقىندا ئاللاھ ئۇلارنى ئويدۇرغان يالغانلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ [138].*

① يەنى ئۇلارنىڭ دىنىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق قالايمىقانلاشتۇرىۋېتىش ئۈچۈن.

② بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋەتكەنلىكى ياكى بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

③ يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىرادە ۋە ئىختىيار ئەركىنلىكىنى تارتىۋالسا، شەكسىزكى، ئۇلار مەزكۇر ئىشلارنى قىلالمىغان بولاتتى. كىشىلەرنىڭ ئىختىيار ئەركىنلىكىنى تارتىۋېلىش مەجبۇرلىغانلىق بولاتتى. مەجبۇرلاش بىلەن ئىنساننى سىنىغىلى بولمايتتى، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئىرادە ۋە ئىختىيار ئەركىنلىكى بېرىش

ئارقىلىق ئۇنى سىناشنى خالايتتى، شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانى مەجبۇرلىمىدى.

④ بۇ ئايەتتە جاھىلىيەت دەۋرىگە تەۋە خاتا قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ ئۈچ خىل شەكلى بايان قىلىنىدى: بىرىنچى شەكلى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىچە: بۇ چارۋا مال ياكى پالانى ئىبتىزلىقتىكى زىرائەت چەكلەنگەن. ئۇنى پەقەت بىز رۇخسەت قىلغانلارلا ئىستىمال قىلالايدۇ. بۇ رۇخسەت بۇتلارنىڭ خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگىلا بېرىلىدۇ، دەيتتى. ﴿حِجۡرٌ﴾ "مَمْنُوعٌ» يەنى هارام، چەكلەنگەن دېگەن مەنىدە.

⑤ ئىككىنچى شەكلى، بىر نەچچە خىل چارۋا-ماللارنى بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ، ئەركىن قويۇۋېتەتتى، ئۇلارنى ئېتىز ئىشلىرىغىمۇ سالمايتتى ھەم مىنمەيتتى. مەسىلەن: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «بۇھەيرە، سائىبە» قاتارلىق تۈگىلەرگە ئوخشاش.

⑥ ئۈچىنچى شەكلى، ئۇلار مال بوغۇزلىغاندا پەقەت ئۆز بۇتلىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئالاتتى، ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئالمايتتى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارغا مىنىپ، ھەجگىمۇ بارمايتتى، يەنى ئۇلارنى ھەج سەپىرى ئۈچۈنمۇ ئىشلەتمەيتتى. مەزكۇر بەھۇدە تۈزۈملەرنىڭ ھەممىنى ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان تۇرۇپ، يەنە ئاللاھ تائالا نامىدىن يالغاننى ئويدۇرۇپ، بىز بۇ ئىشلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە قىلىۋاتىمىز دەپ دەۋا قىلاتتى.

وَقَالُواْ مَا فِي بُطُونِ هَٰذِهِ ٱلۡأَنۡعَٰمِ خَالِصَةٞ لِّذُكُورِنَا وَمُحَرَّمٌ عَلَىٰٓ
أَزۡوَٰجِنَاۖ وَإِن يَكُن مَّيۡتَةٗ فَهُمۡ فِيهِ شُرَكَآءُۚ سَيَجۡزِيهِمۡ وَصۡفَهُمۡۚ إِنَّهُۥ
حَكِيمٌ عَلِيمٞ ١٣٩ قَدۡ خَسِرَ ٱلَّذِينَ قَتَلُوٓاْ أَوۡلَٰدَهُمۡ سَفَهَۢا بِغَيۡرِ
عِلۡمٖ وَحَرَّمُواْ مَا رَزَقَهُمُ ٱللَّهُ ٱفۡتِرَآءً عَلَى ٱللَّهِۚ قَدۡ ضَلُّواْ وَمَا كَانُواْ
مُهۡتَدِينَ ١٤٠

***ئۇلار يەنە: «بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى بىزنىڭ ئەركەكلىرىمىزگە خاستۇر، ئاياللىرىمىزغا هارامدۇر، ئەگەر تۇغۇلغان***

***ھايۋان ئۆلۈك بولسا، ئۇ چاغدا، بۇ (ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدا) ئورتاقتۇر (يەنى ئۇنى ھەممەيلەن تەڭ يەيدۇ) دېيىشتى (يەنى ھالال ـ ھارامنى تەيىنلەشتى)① . يېقىندا ئاللاھ ئۇلارنى ئويدۇرغان يالغانلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ② . شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [139] . ھاماقەتلىكى ۋە نادانلىقىدىن باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋالغان كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار راستتىنلا ئېزىپ كەتتى، ھىدايەت تاپمىدى [140].***

① بۇ ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىلىرىنىڭ يەنە بىر شەكلى بولۇپ، ئۇلار بۇتلىرىنىڭ نامىغا ئاتاپ ئايرىپ قويغان ھايۋانلارنىڭ بىر قىسمى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىپ: بۇ ھايۋانلارنىڭ سۈتى ۋە قورساقلىرىدىكى باللىرى ئەرلەرگە ھالالدۇر، ئاياللارغا ھارامدۇر، دەيتتى. ئەگەر ئۇ ھايۋاننىڭ بالىسى ئۆلۈك تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇلار ئۆزلىرىچە: بۇنى يېيىشتە ئەر-ئايال ھەممىسى باراۋەر، ھەر ئىككىسىگە ھالالدۇر، دەيتتى.

② يەنى يالغان ئېيتقان ۋە ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغانلارنى يېقىن كەلگۈسىدە ئاللاھ جازالايدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ھۆكۈم قىلغان ئىشلىرىدا ھېكمەتلىك زاتتۇر، بەندىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە ھېكمىتى بويىچە جازالايدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

۞ وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَ جَنَّٰتٖ مَّعۡرُوشَٰتٖ وَغَيۡرَ مَعۡرُوشَٰتٖ وَٱلنَّخۡلَ
وَٱلزَّرۡعَ مُخۡتَلِفًا أُكُلُهُۥ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُتَشَٰبِهٗا وَغَيۡرَ
مُتَشَٰبِهٖۚ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ وَءَاتُواْ حَقَّهُۥ يَوۡمَ حَصَادِهِۦۖ وَلَا
تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ﴿١٤١﴾ وَمِنَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ حَمُولَةٗ وَفَرۡشٗاۚ
كُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ إِنَّهُۥ لَكُمۡ
عَدُوّٞ مُّبِينٞ ﴿١٤٢﴾

***ئاللاھ بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلغان، مېۋىلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى①، (ياپراقلىرى) بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان②، (مېۋىسى ۋە تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتقان زاتتۇر. مېۋىلىگەندە ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلى)نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقتىدا)، ئۇنىڭ ھەققىنى (ئۆشرىسىنى) ئادا قىلىڭلار③، (يەپ - ئىچىشتە ۋە پۇل - مال خەجلەشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ) ئىسراپ قىلماڭلار④، چۈنكى، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ⑤ [141]. ئاللاھ چارۋىلاردىن (يەنى تۆگە، كالا، قويلاردىن) يۈك كۆتۈرىدىغانلىرىنى، ياتقۇزۇپ بوغۇزلىنىدىغانلىرىنى (ياراتقان ئاللاھتۇر)⑥. ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن يەڭلار⑦، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار⑧، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر [142].***

① ﴿مَعْرُوشَٰتٍ﴾ "عَرْشٌ" دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، تال-باراڭلىق، چەللە، بېدىشلىك دېگەن مەنىدە. «بېدىشلىك» دېگەندە ئۈزۈم، قاپاق ۋە كاۋا دېگەندەك پىلەكلىرى چەللە ئۈستىگە ئارتىلىدىغان باراڭلىق باغلار؛ «بېدىشسىز» دېگەن قوغۇن-تاۋۇزلارغا ئوخشاش پىلەكلىرى يەردە بولىدىغان مېۋىلىك باغلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك بېدىشلىك ۋە پىلەكلىك مېۋىلەرنى، دەرەختە پىشىدىغان خورمىغا ئوخشاش مېۋىلەرنى، ياپراقلىرى ئوخشىغان بىلەن تەملىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانار قاتارلىق ھەممە مېۋىلەرنى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادۇر.

② بۇ ئايەتنىڭ شەرھىسى 99-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

③ زىرائەتلەردىن مول-ھوسۇل يىغقاندا ۋە مېۋىلەرنى ئۈزگەندە ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى «ھەق» نەپلە سەدىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، پەرز سەدىقە يەنى ئۆشرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرىلىدىغان زېمىن بولسا، ئوندىن بىرى؛ ئەگەر كۆل، دەريا ۋە تۇربا سۈيى بىلەن سۇغۇرىلىدىغان زېمىن بولسا، يىگىرمىدىن بىرى سەدىقە قىلىنىدۇ.

④ يەنى سىلەر سەدىقىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بېرىپ ئىسراپچىلىق قىلماڭلار، ئەتە ئۆزۈڭلەر ھاجەتمەن بولۇپ قالماڭلار. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەت ھاكىملارغا قارىتىلغان بولۇپ، سەدىقە ۋە زاكاتلارنى يىغىشتا چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتنىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى «ئەقىل ۋە تەنگە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، سىلەر ھەددىدىن كۆپ يەپ ئىچىپ ئىسراپچىلىق قىلماڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىسراپنىڭ بۇ ئۇقۇملىرى ئۆز ئورنىدا توغرىدۇر، شۇڭا ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە باشقا ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا يېمەك-ئىچمەكتە ئىسراپ قىلىشتىن توسىدۇ. بۇ يېمەك-ئىچمەكتىمۇ ئوتتۇراھال بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ئۇنىڭدا ھەددىدىن ئېشىش بولسا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

⑤ شۇڭا ئىسراپچىلىق مەيلى سەدىقە ۋە خەير-ساخاۋەتتە بولسۇن ياكى باشقا نەرسىدە بولسۇن، ياخشى ئەھۋال ئەمەس. ھەر قانداق ئىشتا ئوتتۇرا ھال بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ ۋە تەكىتلىنىدۇ.

⑥ ئايەتتىكى ﴿حَمُولَةً﴾ «يۈك كۆتۈرىدىغانلار» تۆگە، ئات، خېچىر، كالا، ئېشەككە ئوخشاش چوڭ ۋە ئېگىز بويلۇق، ئۈستىگە يۈك ئارتقىلى بولىدىغان ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿فَرْشًا﴾ «يەرگە ياتقۇزۇلۇپ بوغۇزلىنىدىغان» قويغا ئوخشاش كىچىك، پاكار بويلۇق، ئۈستىگە يۈك ئارتقىلى بولمايدىغان، سىلەر گۆشىنى يەيدىغان، سۈتىنى ئىچىدىغان ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ يەنى مېۋە، زىرائەت ۋە چارۋىلاردىن يەڭلار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا سىلەرگە رىزىق قىلىپ يارىتىپ بەرگەن ئوزۇقلۇقتۇر.

⑧ مۇشرىكلار شەيتانغا ئەگىشىپ، ھالال ھايۋانلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋېلىشتى. ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىۋېلىش، ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلىۋېلىش شەيتانغا ئەگەشكەنلىكتۇر.

ثَمَٰنِيَةَ أَزۡوَٰجٖۖ مِّنَ ٱلضَّأۡنِ ٱثۡنَيۡنِ وَمِنَ ٱلۡمَعۡزِ ٱثۡنَيۡنِۗ قُلۡ ءَآلذَّكَرَيۡنِ
حَرَّمَ أَمِ ٱلۡأُنثَيَيۡنِ أَمَّا ٱشۡتَمَلَتۡ عَلَيۡهِ أَرۡحَامُ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۖ نَبِّـُٔونِي

بِعِلۡمٍ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٤٣﴾ وَمِنَ ٱلۡإِبِلِ ٱثۡنَيۡنِ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ ٱثۡنَيۡنِۗ
قُلۡ ءَآلذَّكَرَيۡنِ حَرَّمَ أَمِ ٱلۡأُنثَيَيۡنِ أَمَّا ٱشۡتَمَلَتۡ عَلَيۡهِ أَرۡحَامُ
ٱلۡأُنثَيَيۡنِۖ أَمۡ كُنتُمۡ شُهَدَآءَ إِذۡ وَصَّىٰكُمُ ٱللَّهُ بِهَٰذَاۚ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ
ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا لِّيُضِلَّ ٱلنَّاسَ بِغَيۡرِ عِلۡمٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي
ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٤٤﴾

***(يېيىش ھالال قىلىنغان) ئەركەك ـ چىشى سەككىز چارۋىنى (مۇ ئاللاھ ياراتتى)①: قويدىن ئىككى (قوچقار ۋە ساغلىق)، ئۆچكىدىن ئىككى (تېكە ۋە ئۇرغاچى)②. (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (قوي بىلەن ئۆچكىدىن) ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنى ۋەياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنى ھارام قىلدىمۇ؟③ ئەگەر (سىلەر ئاللاھ بۇلارنى بىزگە ھارام قىلدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، قېنى ماڭا (ئاللاھ تەرىپىدىن) بىرەر مەلۇمات ئېيتىپ بېرىڭلار!④» [143] (ئاللاھ سىلەرگە ئەركەك ـ چىشى قىلىپ) تۆگىدىن ئىككىنى، كالىدىن ئىككىنى (ياراتتى)⑤. (مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنى ۋەياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلاق بىلەن موزاينى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ بۇنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان چاغدا سىلەر ھازىرمىدىڭلار؟⑥ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟⑦ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» [144].***

① يەنى ئاللاھ تائالا چارۋىلاردىن ئەركەك-چىشى بولۇپ سەككىزنى ياراتتى. ﴿أَزْوَاجٍ﴾ بولسا "زَوْجٌ "نىڭ كۆپلۈكىدۇر. بىر جىنسنىڭ ئەركەك ۋە چىشىسى "زَوْجٌ" (جۈپ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ھەربىرى "زَوْجٌ " (جۈپ، جورا) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ جۈپتى (جورىسى) بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى مۇشۇ ئورۇندىمۇ ﴿أَزْوَاجٍ﴾ «جۈپلار» دېگەن سۆز "أَفْرَادٌ" «نەپەر، خىل، ئىندىۋىد جانىۋار» دېگەن مەنىدە

ئىشلىتىلدى. يەنى ئاللاھ تائالا 8 نەپەر جانىۋارنى ياراتتى، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ جۈپتىدۇر. دېمەك، مەنە سەككىز جۈپ ئەمەس، بەلكى سەككىز نەپەر دېگەنلىك بولىدۇ، بولمىسا، سەككىز جۈپ دەپ ئالغاندا جەمئىي 16 ھايۋان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئاستىدىكى ئايەتكە زىت كېلىدۇ.

② بۇ يەردىكى «ئىككى» يۇقىرىدىكى «سەككىز»نى ئىزاھلاپ كەلگەن بولۇپ،ئەركەك ۋە چىشى ئىككىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا قويدىن ئىككى (قوچقار ۋە ساغلىق)نى، ئۆچكىدىن ئىككى (تېكە ۋە ئۇرغاچى)نى ياراتتى، دېگەن بولىدۇ. (قويغا ھەر خىل تىپتىكى قويلارمۇ كىرىدۇ)

③ مۇشرىكلار ھايۋانلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز خاھىشى بويىچە ھارام قىلىۋالاتتى، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن سوراۋاتىدۇ: ﴿ئاللاھ ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ ياكى ئىككى چىشىنى ۋەياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنى ھارام قىلدىمۇ؟﴾ دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇلاردىن ھېچبىرىنى ھارام قىلمىدى.

④ سىلەردە «بەھىرە»، «سائىبە»، «ۋەسىلە» ۋە «ھام» قاتارلىقلارنى ھارام دەيدىغانغا دەلىل-ئىسپات بولسا، كۆرسىتىپ بېقىڭلار! ئۇلارنى قايسى دەلىلگە ئاساسەن ھارام قىلىۋالدىڭلار؟!

⑤ بۇ يەردىكى «ئىككى»مۇ يۇقىرىدىكى «سەككىز»نى ئىزاھلاپ كەلگەن بولۇپ، ئەركەك ۋە چىشى ئىككىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدىكىسى بىلەن قوشۇلۇپ، جەمئىي سەككىز بولىدۇ. يەنى تۆگە، كالا، قوي، ۋە ئۆچكىدىن ئەركەك - چىشى بولۇپ سەككىز نەپەر ھايۋان بولىدۇ.

⑥ يەنى سىلەر ئۆزۈڭلارچە ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرىنى ھارام قىلىۋالسىلەر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلغان چاغدا، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىدا ھازىرمىدىڭلار؟ دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۇ نەرسىلەرنى ھارام قىلغىنى يوق. بۇنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا چاپلىغان بوھتانلىرىڭلار ۋە ئويدۇرمىلىرىڭلاردىن ئىبارەت.

⑦ يەنى ئەنە شۇنداق كىشى ھەممىدىن چوڭ زالىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئەبۇ خۇزائە ئەمرۇ ئىبنى ئامىرنىڭ دوزاختا ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ تۇنجى بولۇپ تۆگىلەرنى بۇتلارغا ئاتىغان ۋە بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان كىشى ئىدى.» (سەھىھۇل بۇخارى 4623-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2856-ھەدىس،

تەپسىرى سۈرە مائىدە) ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كەبىنى باشقۇرىدىغان خۇزائە قەبىلىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تۇنجى بولۇپ ئۆزگەرتكەن، ھىجاز رايونىغا بۇتلارنى كىرگۈزۈپ كىشىلەرنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا، ئاللاھ تائالاغا بۇت ئارقىلىق يېقىنلىشىشقا چاقىرغان، يۇقىرىدا دېيىلگەن خۇراپاتلىقلارنى يولغا قويغان كىشىدۇر. ئايەتنىڭ مەقسىتى شۇكى، ئاللاھ تائالا مەزكۇر سەككىز نەپەر ھايۋاننى يارىتىپ بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلدى. بىراۋنىڭ بۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى ئۆزىچە ھارام قىلىۋېلىشى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنى رەت قىلغانلىق ھەم ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ.

قُل لَّآ أَجِدُ فِي مَآ أُوحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا عَلَىٰ طَاعِمٖ يَطۡعَمُهُۥٓ إِلَّآ أَن يَكُونَ مَيۡتَةً أَوۡ دَمٗا مَّسۡفُوحًا أَوۡ لَحۡمَ خِنزِيرٖ فَإِنَّهُۥ رِجۡسٌ أَوۡ فِسۡقًا أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦۚ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ غَيۡرَ بَاغٖ وَلَا عَادٖ فَإِنَّ رَبَّكَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٤٥﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىتىلغان قان ۋەياكى (ئەسلىدىن) پاسكىنىلىقى سەۋەبلىك (ھارام قىلىنغان) چوشقا گۆشى ۋە ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلىنىپ①، گۇناھقا سەۋەب بولغان مالدىن باشقىسىنى ھېچكىمگە ھارام كۆرمەيمەن». كىمكى چارىسىز قېلىپ ئۇلاردىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) لەززەتلىنىشنى كۆزلىمەي، (ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردىن) ئاشۇرۇۋەتمەي يېسە (گۇناھ بولمايدۇ)، چۈنكى سېنىڭ رەببىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [145].***

① بۇ ئايەتتە تۆت ھارام قىلىنغان نەرسە تىلغا ئېلىندى، ئۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە بەقەرە 173-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنىپ بولدى. بۇ يەردە ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، بۇ ئايەتتە ھارام

قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ تۆت ئىكەنلىكى چەكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يادرەمچى سۆز بىلەن ئىپادىلەندى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈشتە مەزكۇر تۆت ھايۋاندىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ھالال دېگەن ئۇقۇم چىقىپ قالىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، مەزكۇر تۆت ھايۋاندىن باشقا ھايۋانلارمۇ شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان. ئۇنداقتا بۇ يەردە نېمىشقا تۆت نەرسىگە چەكلەپ قويۇلدى؟ ئەسلىدە بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا مۇشرىكلارنىڭ خۇراپىيلىقلىرىغا رەددىيە بېرىلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشرىكلار ئۆزلىرىچە ھارام قىلىۋالغان بىر قىسىم ھايۋانلارمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، جۈملىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنىدا شۇنداق دېيىلىۋاتىدۇكى، ماڭا ۋەھيي قىلىنغان نەرسىلەردىن مەقسەت، مۇشرىكلار ئۆزلىرىچە ھارام قىلىۋالغان ھايۋانلارنىڭ ھارام ئەمەس، بەلكى ھالال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھاراملىقىنى تىلغا ئالغان نەرسىلەر ئىچىدە ئۇ ھايۋانلار يوق. ئەگەر ئۇ ھايۋانلار ھارام بولغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىمۇ چوقۇم تىلغا ئالغان بولاتتى.

ئىمام شەۋكانى بۇ نۇقتىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئەگەر بۇ ئايەت مەككىدە چۈشمىگەن بولسا ئىدى، ئايەتتە قەيت قىلىنغان نەرسىلەرنىلا ھارام دېيىشكە بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان كەرىم سۈرە مائىدىدە يەنە باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ ھاراملىقىنى بايان قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەدىسلەردە ئۇلاردىن باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ ھاراملىقىنى بايان قىلدى، بۇلارمۇ مەزكۇر ھارام قىلىنغان نەرسىلەر قاتارىغا كىرىدۇ. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچار قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ ھالال ۋە ھاراملىقىنى بىلىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلىنى بايان قىلدى، بۇ ئۇسۇللارمۇ سۈرە بەقەرە 173-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىزاھلاندى. ﴿ فِسْقًا﴾ دېگەن سۆز چۈشۈم كېلىش ھالىتىدە كەلدى. چۈنكى ئۇ «چوشقا گۆشى» دېگەن سۆزگە باغلىنىدۇ. مەنىسى «ذُبِحَ عَلَى الْأَصْنَامِ» يەنى بۇتخانىغا ئاتاپ ياكى بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ، ئۇلارغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە بوغۇزلانغان ھايۋاننى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا، ئاللاھنىڭ نامىنى ئېيتسىمۇ، يەنىلا ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھايۋانلار ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىن غەيرىيگە يېقىنلىشىش مەقسىتىدە بوغۇزلانغاندۇر. «فَسْقٌ» دېگەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىتائىتىدىن چەتنەشنى كۆرسىتىدۇ.

پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەمرى شۇكى، ھايۋانلارنى پەقەت ئاللاھنىڭ

ئىسمىنى ئېيتىپ، ئاللاھقىلا يېقىنلىشىش ئۈچۈن بوغۇزلاشلار. كىمكى ئۇنداق قىلمىسا، بوغۇزلانغىنى «گۇناھقا سەۋەب بولغان مال، بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان مال» بولۇپ، قىلمىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ.

وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا كُلَّ ذِي ظُفُرٖۖ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ وَٱلۡغَنَمِ حَرَّمۡنَا
عَلَيۡهِمۡ شُحُومَهُمَآ إِلَّا مَا حَمَلَتۡ ظُهُورُهُمَآ أَوِ ٱلۡحَوَايَآ أَوۡ مَا
ٱخۡتَلَطَ بِعَظۡمٖۚ ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم بِبَغۡيِهِمۡۖ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ١٤٦ فَإِن
كَذَّبُوكَ فَقُل رَّبُّكُمۡ ذُو رَحۡمَةٖ وَٰسِعَةٖ وَلَا يُرَدُّ بَأۡسُهُۥ عَنِ ٱلۡقَوۡمِ
ٱلۡمُجۡرِمِينَ ١٤٧

*يەھۇدىيلارغا تۇم تۇياقلىق (يەنى تۆگە، تۆگىقۇشقا ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولماي تۇم تۇياقلىق بولغان) ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق①، ئۇلارغا كالا ۋە قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭىكىگە چاپلىشقلىق ياغلىرىدىن② باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە قىلىش، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش قاتارلىق گۇناھلارنى سادىر قىلىپ) ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ (پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىش ئارقىلىق) ئۇلارنى جازالىدۇق③، بىز ئەلۋەتتە (بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە) راستچىلمىز④ [146]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سېنى يالغانغا چىقارغان بولسا، سەن (ئۇلارغا): «رەببىڭلار (قىلمىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىغانلىقتىن) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر⑤، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مەغرۇر بولماڭلاركى) ئۇنىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ»⑥ دېگىن [147].*

① «تۇم تۇياقلىق ھايۋانلار» دېگەندىن بارماقلىرى ئېچىلمايدىغان (يەنى پەنجىسى يېرىلمىغان) ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: تۆگە، تۆگىقۇش، غاز، ئۆدەك، كالا ۋە ئۆچكە قاتارلىقلار. شۇنىڭدەك ھەممە

ئۇچار-قۇشلارمۇ ھارام قىلىنغان ئىدى، ئۇلارغا پەقەت ئاچا تۇياقلىق (يەنى پەنجى ئېچىلىدىغان) ھايۋانلار ۋە قۇشلارلا ھالال قىلىنغان ئىدى.

② يەنى ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭىكىگە چاپلىشىقلىق ئاز مىقداردىكى ياغلار ھالال قىلىنغان ئىدى.

③ بىز بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارغا جازالاش يۈزىسىدىن ھارام قىلغان ئىدۇق. دېمەك يەھۇدىيلارنىڭ «بۇ نەرسىلەرنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ھارام قىلغان ئىدى، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ھارام دەپ قارايمىز» دېگەن دەۋالىرى يالغاندۇر.

④ بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر دەۋاسىدا ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر.

⑤ شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.

⑥ يەنى مۆھلەت بېرىلگەنلىكىنىڭ مەنىسى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلغانلىق ئەمەس. قاچان ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتىشنى قارار قىلسا، ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ.

سَيَقُولُ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ لَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشۡرَكۡنَا وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا
حَرَّمۡنَا مِن شَيۡءٖۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ حَتَّىٰ ذَاقُواْ
بَأۡسَنَاۗ قُلۡ هَلۡ عِندَكُم مِّنۡ عِلۡمٖ فَتُخۡرِجُوهُ لَنَآۖ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا
ٱلظَّنَّ وَإِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا تَخۡرُصُونَ ١٤٨ قُلۡ فَلِلَّهِ ٱلۡحُجَّةُ ٱلۡبَٰلِغَةُۖ فَلَوۡ
شَآءَ لَهَدَىٰكُمۡ أَجۡمَعِينَ ١٤٩ قُلۡ هَلُمَّ شُهَدَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ يَشۡهَدُونَ أَنَّ
ٱللَّهَ حَرَّمَ هَٰذَاۖ فَإِن شَهِدُواْ فَلَا تَشۡهَدۡ مَعَهُمۡۚ وَلَا تَتَّبِعۡ أَهۡوَآءَ
ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ وَهُم بِرَبِّهِمۡ
يَعۡدِلُونَ ١٥٠

***مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرمىگەن ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلىۋالمىغان بولاتتۇق»① دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارمۇ تاكى بىزنىڭ ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى②. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) بىزگە كۆرسىتەلەيدىغان بىرەر پاكىتىڭلار بارمۇ؟③ سىلەر پەقەت پەرەزگىلا ئاساسلىنىسىلەر، پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيسىلەر» [148]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) ئاللاھنىڭ يېتەرلىك پاكىتى بار، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلغان بولاتتى» [149]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا يەنە) «ئاللاھ بۇلارنى ھارام قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلىرىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار»④ دېگىن، ئەگەر ئۇلار (يالغاندىن) گۇۋاھلىق بەرسە، سەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن⑤ (چۈنكى ئۇ يۈتۈنلەي يالغاندۇر). بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە (ساختا ئىلاھلارنى) رەببىگە تەڭ قىلىۋالىدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن⑥ [150].***

① مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى مەنداش دەپ چۈشىنىۋالغانلىقتىن كېلىپ چىققان خاتالىقتۇر. ھالبۇكى، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ نۇقتىنا ئىلگىرى بايان قىلىندى.

② ئاللاھ تائالا مەزكۇر خاتا چۈشەنچىگە مۇنداق ئىزاھات بەردى: ئەگەر شېرىك كەلتۈرۈش ئاللاھنىڭ رىزالىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا، ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن ئازاب كەلدى؟ ئاللاھ تەرەپتىن ئازاب كەلگەنلىكى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇنىڭ رىزاسى باشقا نەرسە؛ ئىرادىسى ئايرىم نەرسىدۇر.

③ يەنى بۇ دەۋايىڭلارنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل بولسا كەلتۈرۈڭلار! لېكىن ئۇلاردا دەلىل نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئۇلار پەقەت گۇمان ۋە پەرەزگىلا ئەگىشىدۇ.

④ يەنى بۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرىچە ھارام قىلىۋالغان ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ چۈنكى ئۇلاردا توقۇلما بوھتاندىن باشقا ھېچنېمە يوق.

⑥ يەنى ساختا ئىلاھلارنى ئاللاھ بىلەن تەڭداش (باراۋەر) قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرىدىغانلارغا ئەگەشمىگىن.

۞ قُلْ تَعَالَوْا۟ أَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْ ۖ أَلَّا تُشْرِكُوا۟ بِهِۦ شَيْـًٔا ۖ
وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَـٰنًا ۖ وَلَا تَقْتُلُوٓا۟ أَوْلَـٰدَكُم مِّنْ إِمْلَـٰقٍ ۖ نَّحْنُ نَرْزُقُكُمْ
وَإِيَّاهُمْ ۖ وَلَا تَقْرَبُوا۟ ٱلْفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ ۖ وَلَا تَقْتُلُوا۟
ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِى حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۚ ذَٰلِكُمْ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ
تَعْقِلُونَ ﴿١٥١﴾

***(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «كېلىڭلار، رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە نېمىلەرنى ھارام قىلغانلىقىنى① ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار②، ئاتا - ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى ۋە) ياخشىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىڭلار③، نامراتلىق تۈپەيلىدىن بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ رىزىق بېرىمىز④، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلاردىن ھېچبىرىگە يېقىنلاشماڭلار، ئاللاھ (ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرمەڭلار؛ پەقەت ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا⑤. ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى [151].***

① يەنى ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن دەلىلگە ئاساسلانماستىن، ئۆزۈڭلارنىڭ خاتا گۇمانى ۋە بۇزۇق پەرەزلىرى بويىچە ھارام دەپ قارار قىلىۋالغان نەرسىلەر ھارام ئەمەس، بەلكى رەببىڭلار سىلەرگە ھارام دەپ قارار قىلغان نەرسىلەرلا ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ سىلەرنى ياراتقۇچى، پەرۋىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. شۇڭا خالىغان نەرسىنى ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىش ئۇنىڭ ھوقۇقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە رەببىڭلار ئالاھىدە تەكىتلىگەن ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

② يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە شۇنداق ئەمر قىلدۇكى، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار! شېرىك ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر، ئۇ كەچۈرۈلمەيدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىگە جەننەت ھارامدۇر، دوزاخ ھالالدۇر. قۇرئان كەرىمدە بۇ نۇقتىلار ھەر خىل شەكىلدە تەكرار بايان قىلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللامۇ ھەدىسلەردە بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلدى. شۇنداق تۇرسىمۇ، بەزى كىشىلەر شەيتانغا ئەگىشىپ، شېرىكتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى سادىر قىلىدۇ.

③ ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ئەمر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردىمۇ (قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ) ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇق قىلىندى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭدۇر. كىمكى كىچىك پەرۋىش قىلغۇچىنىڭ تەلىپى (ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش)نى ئورۇنلىمىسا، چوڭ پەرۋىش قىلغۇچىنىڭ ئەمرىنىمۇ بەجا كەلتۈرەلمەيدۇ.

④ جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان بۇ قەبىھ جىنايەت بۈگۈنكى كۈندە تۇغۇت چەكلەش، پىلانلىق تۇغۇش دېگەنناملار بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سادىر بولماقتا. ئاللاھ ئۆزى ساقلىسۇن.

⑤ «ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش» يەنى قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆلتۈرۈش جايىزلا ئەمەس، بەلكى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى كەچۈرۈم قىلمىسا، قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ناھايىتى زۆرۈردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿قىساستا سىلەر ئۈچۈن ھاياتلىق بار﴾ دېگەن. (سۈرە بەقەرە 179-ئايەت)

وَلَا تَقْرَبُواْ مَالَ ٱلْيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّىٰ يَبْلُغَ أَشُدَّهُۥۚ
وَأَوْفُواْ ٱلْكَيْلَ وَٱلْمِيزَانَ بِٱلْقِسْطِۖ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَاۖ
وَإِذَا قُلْتُمْ فَٱعْدِلُواْ وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَىٰۖ وَبِعَهْدِ ٱللَّهِ أَوْفُواْۚ ذَٰلِكُمْ
وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ﴿١٥٢﴾ وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِي مُسْتَقِيمًا

فَٱتَّبِعُوهُۖ وَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلسُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمۡ عَن سَبِيلِهِۦۚ ذَٰلِكُمۡ
وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ١٥٣

***سىلەر يېتىمنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە يېقىن كەلمەڭلار. پەقەت ئۇ (قۇرامىغا يېتىپ) بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدىلا يېقىن كەلسەڭلار بولىدۇ①. ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى ئادالەت بىلەن قوللىنىڭلار②. بىز ھېچقانداق ئادەمگە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيمىز③. (بىراۋغا ھۆكۈم قىلىش ياكى گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن) سۆز قىلغان چېغىڭلاردا، (ئۇ ئادەم) ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئادالەتلىك بولۇڭلار، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (مەسئۇلىيىتىڭلارنى) ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى» [152]. شەكسىزكى، بۇ (دىن)④ مېنىڭ توپتوغرا يولۇمدۇر، شۇڭا سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار⑤، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇ (ناتوغرا يوللار) سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (يامان ئاقىۋەتتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى [153].***

① كاپالەتتى ئۈستۈڭلەرگە يۈكلەنگەن يېتىمگە ھەر جەھەتتىن ياخشىلىق قىلىش سىلەرگە پەرزدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا مىراستىن تېگىشلىك ھەسسىسى تەگسە، مەيلى ئۇ نەخ پۇل بولسۇن ياكى يەر ـ زېمىن، ئۆي ـ جاي بولسۇن، ئۇ يېتىم كىچىك بولغانلىقتىن ئۇنى باشقۇرالمىسا، سىلەر ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇ بالاغەتكە يېتىپ، ئۇنى باشقۇرالىغىدەك بولغانغا قەدەر سەممىيلىك بىلەن ساقلاپ بېرىڭلار. كېپىللىك قىلدىم دەپ، يېتىم بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەپ كەتسەڭلار بولمايدۇ.

② تارازا ـ ئۆلچەمدە كەم بېرىش، ئالىدىغان چاغدا تولۇق ئۆلچەپ ئېلىش، ئەمما بېرىدىغان چاغدا تولۇق بەرمەستىن، قەستەنگە كەم بېرىش ئېغىر دەرىجىدىكى پەسكەشلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقتۇر. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ مۇشۇ خىلدىكى ئىللەتكە مۇپتىلا بولغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولغان ئامىللاردىن بىرى ئۆلچەمدە

كەم بېرىش ئىدى.

③ بۇ يەردە مەزكۇر ئەھكاملارنى تەكتىلەپ بايان قىلىشتىكى مەقسەت ئۇلارغا ئەمەل قىلىش قىيىن بولغانلىقتىن ئەمەس، ئەگەر ئۇ ئەھكاملار قىيىن بولغان بولسا، ئۇلارنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئەمر قىلمايتتۇق، چۈنكى بىز ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقىقا، دۇنيادىمۇ ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشمەكچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ مەزكۇر ئەمر-پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈڭلار، ئۇلاردىن ھەرگىز قاچماڭلار.

④ «بۇ» دېگەندە قۇرئان كەرىم ياكى ئىسلام دىنى ياكى مۇشۇ سۈرىدە ئاللاھ بايان قىلىنغان ئەھكاملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئەھكاملار بولسا تەۋھىد (ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش)، ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىش، پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن ئىبارەت. بۇلار ئىسلامنىڭ ئۈچ ئۇسۇل-پرىنسىپى بولۇپ، پۈتۈن دىنىنىڭ چاقى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەيدۇ. شۇڭا «بۇ» دېگەندە قايسىبىر ئۇقۇم مەقسەت قىلىنغان بولسا، ھەممىسى ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

⑤ ﴿صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا﴾ «توغرا يول» دېگەن سۆز بىرلىك شەكلىدە كەلدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ، قۇرئاننىڭ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بىردۇر. بىر نەچچە يوللارغا ئەمەس، پەقەت بىر يولغىلا ئەگىشىشكە بولىدۇ. مانا بۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۈممەت ھەر خىل گۇرۇھ ۋە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ھالبۇكى، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ناھايىتى قاتتىق تەكىتلەنگەن بۇيرۇق ئىدى. «ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇ (ناتوغرا يوللار) سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ.» يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر دىنىنى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار﴾ دېمەك، ئىختىلاپ ۋە تەپرىقچىلىككە قەتئىي ئىجازەت يوقتۇر. بۇ نۇقتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق بايان قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن يەرگە بىر تۈز سىزىق سىزىپ ‹بۇ ئاللاھنىڭ توغرا يولىدۇر› دېدى. ئاندىن ئۇ سىزىقنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە سىزىقلارنى سىزىپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇدى.» (مۇسنەدى ئەھمەد 1-توم، 435-، 465-بەتلەر، ئەھمەد شاكىر بۇ ھەدىسنى سەھىھ دەپ باھالىغان) سۈنەنى ئىبنى ماجەنىڭ رىۋايىتىدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرگە ئىككىدىن سىزىق سىزدى (يەنى

جەمئىي 4 سىزىق سىزدى)، ئاندىن ئۇ يوللارنى شەيتاننىڭ يوللىرىدۇر، دېدى.» دەپ كەلگەن.

ثُمَّ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ تَمَامًا عَلَى ٱلَّذِىٓ أَحْسَنَ وَتَفْصِيلًا لِّكُلِّ شَىْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لَّعَلَّهُم بِلِقَآءِ رَبِّهِمْ يُؤْمِنُونَ ﴿١٥٤﴾ وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلْنَٰهُ مُبَارَكٌ فَٱتَّبِعُوهُ وَٱتَّقُوا۟ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿١٥٥﴾

***ئاندىن ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ، ياخشى ئىش قىلغان ئادەمگە بېرىدىغان (نېمىتىمىزنى) مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىش، (ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان) ھەربىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىش، (ئۇلارنى) ھىدايەت قىلىش ۋە (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن①، مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) ئاتا قىلدۇق [154]. بۇ (قۇرئان) بولسا، بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر②. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە (ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار [155].***

① قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئۇسلۇبى بىر نەچچە جايدا تەكرارلانغان بولۇپ، قەيەردە قۇرئان تىلغا ئېلىنغان بولسا، ئۇ يەردە تەۋرات تىلغا ئېلىنغان؛ قەيەردە تەۋرات تىلغا ئېلىنغان بولسا، ئۇ يەردە قۇرئانمۇ تىلغا ئېلىنغاندۇر. بۇنىڭ بىر قانچە مىساللىرىنى ئىمام ئىبنى كەسىر نەقىل قىلغان. شۇ ئۇسلۇب بويىچە بۇ يەردە تەۋرات ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا دىنىنىڭ بارلىق مۇھىم تەلىماتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، رەھمەت ۋە ھىدايەت ۋاستىسى بولغان مۇكەممەل بىر كىتاب ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدى.

② بۇنىڭدىن قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا دىن ۋە دۇنيانىڭ بەرىكەتلىرى ۋە ياخشىلىقلىرى باردۇر.

أَن تَقُولُوٓاْ إِنَّمَآ أُنزِلَ ٱلۡكِتَٰبُ عَلَىٰ طَآئِفَتَيۡنِ مِن قَبۡلِنَا وَإِن كُنَّا
عَن دِرَاسَتِهِمۡ لَغَٰفِلِينَ ١٥٦ أَوۡ تَقُولُواْ لَوۡ أَنَّآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡكِتَٰبُ
لَكُنَّآ أَهۡدَىٰ مِنۡهُمۡۚ فَقَدۡ جَآءَكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَهُدٗى
وَرَحۡمَةٞۚ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَصَدَفَ عَنۡهَاۗ
سَنَجۡزِي ٱلَّذِينَ يَصۡدِفُونَ عَنۡ ءَايَٰتِنَا سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ بِمَا كَانُواْ
يَصۡدِفُونَ ١٥٧ هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأۡتِيَهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَوۡ يَأۡتِيَ رَبُّكَ
أَوۡ يَأۡتِيَ بَعۡضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَۗ

***(ئى مۇشرىكلار!) سىلەرنىڭ «پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت) ئىككى تائىپىگىلا كىتاب نازىل قىلىنغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق①» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن② [156]. ياكى سىلەرنىڭ «ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (بىز قۇرئاننى نازىل قىلدۇق). سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دەلىل، ھىدايەت ۋە رەھمەت كەلدى③، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟④ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز [157]. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) پەقەت (جان ئالغۇچى) پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ كېلىشىنى ۋەياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ (يەنى قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىغا ئوخشاش ئالامەتلەرنىڭ) كېلىشىنىلا كۈتىدۇ⑤.***

① بۇ قۇرئان بىزنىڭ تىلىمىزدا ئەمەس ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىپ، ئۇنداق ئۆزرىگە ئورۇن قالدۇرمىدى.

② يەنى سىلەرنىڭ، بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىككى تائىپە يەنى

يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا كىتاب نازىل قىلىنغان ئىكەن، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بۇ قۇرئاننى نازىل قىلدۇق.

③ ئەمدى سىلەر ئۇنداق ئۆزرىمۇ ئېيتالمايسىلەر.

④ يەنى ھىدايەت ۋە رەھمەت كىتابى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئەمدى كىمكى ھىدايەت (ئىسلام)نىڭ يولىنى تاللاپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولماستىن، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، شۇنداق كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ﴿صَدَفَ﴾نىڭ ئىككى مەنىسى بار، بىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈش، يەنە بىرى باشقىلارنى توسۇش.

⑤ بىز قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرۈش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق دەلىل-ئىسپات تۇرغۇزدۇق. ئەمدى ئۇلار يەنىلا گۇمراھلىقتىن ۋاز كەچمىسە، ئۇلار جان ئېلىشقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەمدۇ؟ ئۇلار شۇ ۋاقىتتا ئىمان ئېيتامدۇ ياكى رەببىڭنىڭ كېلىشىنى كۈتەمدۇ؟ يەنى قىيامەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا جەم بولغاندا ئىمان ئېيتامدۇ ياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بەزى چوڭ ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتەمدۇ؟ يەنى قىيامەت يېقىن بولغاندا قۇياش شەرقتىن ئەمەس غەربتىن چىقىدۇ. ئۇلار شۇ ئالامەتنى كۆرگەندە ئاندىن ئىمان ئېيتامدۇ؟ ئەگەر ئۇلار مۇشۇنداق كۈتىدىغان بولسا، بۇ ھەقىقەتەن چوڭ نادانلىقتۇر. چۈنكى چوڭ ئالامەتلەر زاھىر بولغاندىن كېيىن كاپىرلار ئىمان ئېيتسا، پاسىق ۋە گۇناھكارلار تەۋبە قىلسا قوبۇل قىلىنمايدۇ.

بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇياش ھەتتا ئۆزى ئولتۇرغان يەر (غەرب)تىن چىقمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ. كىشىلەر (قۇياشنىڭ غەربتىن چىققانلىقىنى) كۆرگەندە ئىمان ئېيتىدۇ» دەپ بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان: ﴿ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ (ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر) ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئەمدى ئېيتقان ئىمانىنىڭ (ۋە قىلغان ئەمەلىنىڭ) قىلچە پايدىسى بولمايدۇ﴾. يەنى ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى بولمايدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 4635-ھەدىس)

يَوۡمَ يَأۡتِي بَعۡضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَ لَا يَنفَعُ نَفۡسًا إِيمَٰنُهَا لَمۡ تَكُنۡ

ءَامَنَتۡ مِن قَبۡلُ أَوۡ كَسَبَتۡ فِيٓ إِيمَٰنِهَا خَيۡرٗاۗ قُلِ ٱنتَظِرُوٓاْ إِنَّا
مُنتَظِرُونَ ﴿١٥٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ فَرَّقُواْ دِينَهُمۡ وَكَانُواْ شِيَعٗا لَّسۡتَ مِنۡهُمۡ فِي
شَيۡءٍۚ إِنَّمَآ أَمۡرُهُمۡ إِلَى ٱللَّهِ ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ ﴿١٥٩﴾ مَن
جَآءَ بِٱلۡحَسَنَةِ فَلَهُۥ عَشۡرُ أَمۡثَالِهَاۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجۡزَىٰٓ
إِلَّا مِثۡلَهَا وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿١٦٠﴾

*رەببىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن (يەنى قۇياش كۈنپېتىشتىن چىققان) كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ① ياكى ئىمان ئېيتىپ (ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر) ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئەمدى ئېيتقان ئىمانىنىڭ (ۋە قىلغان ئەمەلىنىڭ) قىلچە پايدىسى بولمايدۇ②. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «سىلەر (ئاقىۋىتىڭلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز» دېگىن③ [158]. ئۆز دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلەر بىلەن سېنىڭ ھېچبىر مۇناسىۋىتىڭ يوق④، ئۇلارنىڭ ئىشىنى پەقەت ئاللاھ بىر تەرەپ قىلىدۇ، كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ [159]. كىمكى (دەرگاھىمىزغا) بىرەر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇ ئۇن ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ⑤، كىمكى بىرەر يامانلىق بىلەن كەلسە، ئۇ پەقەت شۇ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازاغا ئۇچرايدۇ⑥، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ [160].*

① يەنى ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ، يەنى قوبۇل بولمايدۇ.

② دېمەك، ئۇ چاغدا ھەر قانداق بىر گۇناھكار مۇئمىن گۇناھىغا تەۋبە قىلسا، قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇ كۈندىن كېيىن ھەتتا ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرمۇ مەزكۇر نۇقتىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

③ بۇ ئىمان ئېيتمىغان ۋە تەۋبە قىلمىغان كىشىلەرگە بېرىلگەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. قۇرئان كەرىمدە بۇ مەزمۇن سۈرە مۆھەممەد118-ۋە

سۈرە مۇئمىن 84-، 85-ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىنغان.

④ بۇلار بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇلار مۇشرىكلارنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى مۇشرىكلارنىڭ بەزىسى پەرىشتىلەرگە، بەزىسى يۇلتۇزلارغا، بەزىسى ھەرخىل بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى، دەيدۇ. ئەمما بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ دىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى تاشلاپ، باشقا دىن ياكى باشقا يولنى تاللاپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە گۇرۇھۋازلىق پەيدا قىلغان كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىيدۇر. ﴿شِيَعًا﴾ دىگەننىڭ مەنىسى پىرقە، گۇرۇھلار دىمەكتۇر. بۇ سۆز ئىلگىرى دىندا ئىناق-ئىتتىپاق بولۇپ، كىيىن بەزى «چوڭلار»نىڭ رايىنى ھەقىقەتكە زىت كەلسىمۇ، ھەممىدىن ئەلا ۋە ئەڭ توغرا دەپ قاراپ، ھەق يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەنلەرگە ئۈيغۇن كېلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە ئاتا قىلغان پەزلى ۋە مەرھەمىتىنى بايان قىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، بۇ ئەڭ ئاز بېرىلگەن ساۋابتۇر. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسەن بەزى ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى نەچچە يۈز ھەسسە، ھەتتا نەچچە مىڭ ھەسسە كۆپەيتىلىپ بېرىلىدۇ.

⑥ چۈنكى، بەزى گۇناھلارنىڭ جازاسى مۇئەييەن ئەمەس. كىمكى ئۇ گۇناھلارنى سادىر قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلمىغان ياكى ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كېتەلمىگەن بولسا ياكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ خاس مەرھەمىتى بىلەن ئۇنى ئەپۇ قىلمىغان بولسا، (چۈنكى مەزكۇر ئەھۋاللاردا جازا قانۇنى ئىجرا قىلىنمايدۇ) ئۇنداق گۇناھلارغا ئاللاھ تائالا جازا بېرىدۇ، بۇ جازا ئۇنىڭ گۇناھىغا لايىقلا بولىدۇ.

قُلْ إِنَّنِي هَدَىٰنِي رَبِّيٓ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ دِينًا قِيَمًا مِّلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ
حَنِيفًاۚ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٦١﴾ قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ
وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦٢﴾ لَا شَرِيكَ لَهُۥۖ وَبِذَٰلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا۠ أَوَّلُ
ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿١٦٣﴾

*(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن رەببىم مېنى توغرا يولغا، يەنى توغرا دىنغا ــ توغرا يولدا ماڭغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» [161]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر [162]. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن شۇنىڭغا (يەنى مۇشۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن»① [163].*

① تەۋھىدى ئۇلۇھىيەتكە يەنى ئاللاھ تائالانى ئىلاھلىقتا يەككە-يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ھەممە پەيغەمبەر چاقىرغان. شۇنىڭدەك بۇ يەردە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تىلى بىلەنمۇ دېيىلدىكى ﴿مەن شۇنىڭغا (يەنى مۇشۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن﴾ بارلىق پەيغەمبەرلەر دەۋىتىنىڭ پەقەت مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈنلا بولغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: ‹مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار› دەپ ۋەھيي قىلدۇق﴾. (سۈرە ئەنبىيا 25-ئايەت)

نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق جاكارلىغان ئىدى: ﴿وَاُمِرْتُ اَنْ اَكُوْنَ مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ﴾ ﴿مەن (ئاللاھقا) بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم﴾. (سۈرە يۇنۇس 72-ئايەت) ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق كەلگەن: ﴿اِذْ قَالَ لَهٗ رَبُّهٗٓ اَسْلِمْ قَالَ اَسْلَمْتُ لِرَبِّ الْعٰلَمِيْنَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببى ئۇنىڭغا: ‹(رەببىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن› دېدى. ئۇ: ‹ئالەملەرنىڭ رەببىگە ئىتائەت قىلدىم› دېدى﴾. (سۈرە بەقەرە 132-ئايەت) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ دېدىكى: ﴿فَلَا تَمُوْتُنَّ اِلَّا وَاَنْتُمْ مُّسْلِمُوْنَ﴾ ﴿پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)﴾. (سۈرە بەقەرە 132-ئايەت) يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿تَوَفَّنِيْ مُسْلِمًا﴾ ﴿مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن﴾. (سۈرە يۇسۇف 101-ئايەت) مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿فَعَلَيْهِ تَوَكَّلُوْٓا اِنْ كُنْتُمْ مُّسْلِمِيْنَ﴾ ﴿ئاللاھقا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل

قىلـىڭلار﴾. (سۈرە يۇنۇس 84-ئايـەت) ھەۋارىيـلار ئـىسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنـداق دېـدى: ﴿اٰمَنَّا وَاشْهَدْ بِاَنَّا مُسْلِمُوْنَ﴾ ﴿بىـز ئىمـان ئېيتتـۇق، گـۇۋاھ بولغىنكـى، بىـز (ئەمرىڭگـە) بويسـۇنغۇچىلارمىز﴾. (سۈرە مائـىدە 111-ئايـەت) شـۇنىڭدەك بارلـىق پەيغەمبەرلـەر ۋە ئۇلارنىـڭ قەۋملـىرى تەۋھـىدى ئۇلۇھىيـەت، يەنـى ئاللاھ تائالانـى ئىلاھلىقتـا يەككە-يىگانـە دېگـەن ئېتىقـاد ئاساس قىلىنغان ئىسلامغا ئەگەشكەندۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ شـەرىئەت ئەھكاملىـرى بىر-بىرىدىـن ئاز بىـر قىسـىم ئەمەللەردىلا پەرقلىنەتتى.

قُلْ أَغَيْرَ ٱللَّهِ أَبْغِي رَبًّا وَهُوَ رَبُّ كُلِّ شَيْءٍۚ وَلَا تَكْسِبُ كُلُّ نَفْسٍ
إِلَّا عَلَيْهَاۚ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم مَّرْجِعُكُمْ
فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿١٦٤﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي جَعَلَكُمْ
خَلَٰٓئِفَ ٱلْأَرْضِ وَرَفَعَ بَعْضَكُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَٰتٍ لِّيَبْلُوَكُمْ فِي
مَآ ءَاتَىٰكُمْۗ إِنَّ رَبَّكَ سَرِيعُ ٱلْعِقَابِ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌۢ ﴿١٦٥﴾

*ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ رەببى تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقا رەب ئىزدەمدىمەن؟ »① ھەركىم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ. ھېچقانداق بىر گۇناھكار ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)② . كېيىن قايتىدىغان جايىڭلار رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدۇر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ③ [164]. ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلغان④ ، سىلەرگە بەرگەن نېمەتلەر ھەققىدە سىلەرنى سىناش ئۈچۈن، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلغان زاتتۇر⑤ ، رەببىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر [165].*

① بۇ ئايەتتىكى ﴿رَبُّ﴾ «رەب، پەرۋەردىگار» دېگەندىن مەقسەت مۇشرىكلار شېرىك كەلتۈرۈپ كەلگەن ئىلاھنى يەككە-يېگانە دەپ ئېتىراپ قىلىش دېمەكتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ رۇبۇبىيەت (پەرۋەردىگارلىق) سۈپىتى شۇنى تەقەززا قىلىدۇ. لېكىن مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ رۇبۇبىيىتىنى (پەرۋەردىگارلىقىنى)غۇ ئېتىراپ قىلاتتى، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇلۇھىيىتىگە (يەنى ئىلاھلىقىغا) بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالاتتى.

② يەنى ئاللاھ تائالا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، كىمكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن نېمىنى قىلغان بولسا، شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىدۇ. ياخشى ئەمەلگە مۇكاپات، يامان ئەمەلگە جازا بېرىلىدۇ، بىر ئىنساننىڭ خاتالىقى يەنە بىر ئىنسانغا يۈكلەنمەيدۇ.

③ شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر سىلەر بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دەۋىتى بولغان تەۋھىد دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىساڭلار، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىڭلار، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىمىز. قىيامەت كۈنى ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا ھازىر بولىمىز. ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىمىزغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

④ يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھۆكۈمران قىلىپ، ھوقۇق-مەنسەپ ئاتا قىلدى ياكى سىلەرنى ئىلگىرىكىلەرگە ۋارىس بولىدىغان ئورۇنباسار (خەلىپە) قىلدى.

⑤ يەنى سىلەردىن كىمگە بايلىق ۋە نامراتلىق، ئىلىم ۋە ئىلىمسىزلىك، ساغلاملىق ۋە ساقسىزلىق دېگەندەك قانداق بىر نەرسە بېرىلگەن بولسا، سىلەرنى سىناش ئۈچۈن بېرىلگەندۇر.

# سۈرە ئەئراف

| (٧) سورة الأعراف مكية ٢٠٦ آية | (7) سۈرە ئەئراف مەككىدە چۈشكەن 206 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓمٓصٓ ﴿١﴾ كِتَٰبٌ أُنزِلَ إِلَيۡكَ فَلَا يَكُن فِي صَدۡرِكَ حَرَجٞ مِّنۡهُ
لِتُنذِرَ بِهِۦ وَذِكۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٢﴾ ٱتَّبِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن
رَّبِّكُمۡ وَلَا تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَۗ قَلِيلٗا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾ وَكَم
مِّن قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَا فَجَآءَهَا بَأۡسُنَا بَيَٰتًا أَوۡ هُمۡ قَآئِلُونَ ﴿٤﴾ فَمَا
كَانَ دَعۡوَىٰهُمۡ إِذۡ جَآءَهُم بَأۡسُنَآ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٥﴾
فَلَنَسۡـَٔلَنَّ ٱلَّذِينَ أُرۡسِلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَنَسۡـَٔلَنَّ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٦﴾

***ئەلىف، لام، مىم، ساد [1]. (ئى پەيغەمبەر! بۇ، ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۆئمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئۇنىڭدىن (يەنى قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن① [2]. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار②، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان ساختا) مەدەتكارلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى بەكمۇ ئاز قوبۇل قىلىسىلەر [3]. بىز قانچىلىغان شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك***

*قىلدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا كېچىسى ياكى چۈشلۈكى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا كەلدى③ [4]. بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چەككەن پەريادى: «بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە (ئۆزىمىز) زۇلۇم قىلىپ يۈرۈپتۇق»، دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى④ [5]. بىز ئەلچى ئەۋەتكەن ئۇممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلچى ئەۋەتتە (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز⑤ [6].*

① يەنى قۇرئاننى يەتكۈزۈشتە كاپىرلارنىڭ سېنى يالغانچىغا چىقىرىشىدىن ۋە ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. چۈنكى ئاللاھ تائالا سېنىڭ ياردەمچىڭدۇر ۋە سېنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر. ﴿حَرَجٌ﴾ دېگەن شەك مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. يەنى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە قارىتا قەلبىڭدە ھېچقانداق بىر شەك بولۇپ قالمىسۇن دېگەنلىكتۇر. بۇ يەردىكى چەكلىمە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دېيىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇ سۆز ئۇممەتكە قارىتىلغاندۇر. يەنى ئۇلار شەك قىلمىسۇن، دېمەكتۇر.

② يەنى ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىمگە ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەگىشىڭلار، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا قۇرئان بېرىلدى، يەنە قۇرئانچە ئىلىم بېرىلدى» دېگەن. شۇڭا ھەر ئىككىسىگە ئەگىشىش زۆرۈر. ئۇ ئىككىسىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە ئەگىشىش زۆرۈر ئەمەس، بەلكى ئىنكار قىلىش لازىمدۇر. ئايەتنىڭ ئاخىرىدا «ئاللاھنى قويۇپ، مەدەتكارلارغا ئەگەشمەڭلار.» دېيىلدى. چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەر سەردارلار، مۇنەججىملەر ۋە جىنكەش-كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى چوڭ بىلەتتى، ھەتتا ھالال-ھارام مەسىلىلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى دەلىل-ئىسپات دەپ ئېتىراپ قىلاتتى.

③ ﴿قَآئِلُونَ﴾ بولسا "قيلولة" دېگەن سۆز تومۇرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، چۈش ۋاقتىدا ئارام ئېلىش دېگەن مەنىدە. دېمەك، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا تۇيۇقسىز كەلدى، ئۇ چاغدا ئۇلار بىخۇد ھالەتتە راھەتلىنىك تۆشەكلىرىدە ئارام ئېلىۋاتاتتى.

④ لېكىن ئازاب كەلگەندىن كېيىن قىلغان بۇنداق ئېتراپىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى﴾. (سۈرە غافىر 85-ئايەت)

⑤ ئۇممەتلەردىن «سىلەرگە پەيغەمبەرلەر كەلگەنمۇ، ئۇلار سىلەرگە بىزنىڭ ئەمرىمىزنى يەتكۈزگەنمۇ؟» دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار: «ھەئە، ئى ئاللاھ، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ بىزگە كەلگەن ئىدى، ئەمما بىز كەم ئەقىللىق بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماپتۇق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداقلا پەيغەمبەرلەردىنمۇ: «بىزنىڭ ئەمرىمىزنى قەۋمىڭلارغا يەتكۈزدۈڭلارمۇ؟ ئۇلار سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟» دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار جاۋاب بېرىپ، «ھەئە، بىز سېنىڭ ئەمرىڭنى ئۇلارغا يەتكۈزگەن ئىدۇق» دەيدۇ. ئەمما كاپىرلار: «بىزگە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدىغان ئەلچىلەر كەلمىگەن» دەيدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن كاپىرلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا-سۈرە بەقەرە 143-ئايەت، سۈرە زۇمەر 71-ئايەت، سۈرە مۇلك 10-ئايەتتە بايان قىلىنغان. (سەھىھۇل بۇخارى شەرھىسى فەتھۇلبارى 8-توم، 216-بەت، 4487-ھەدىس)

فَلَنَقُصَّنَّ عَلَيۡهِم بِعِلۡمٖۖ وَمَا كُنَّا غَآئِبِينَ ۝٧ وَٱلۡوَزۡنُ يَوۡمَئِذٍ ٱلۡحَقُّۚ
فَمَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ۝٨ وَمَنۡ خَفَّتۡ
مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُم بِمَا كَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا
يَظۡلِمُونَ ۝٩ وَلَقَدۡ مَكَّنَّٰكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَجَعَلۡنَا لَكُمۡ فِيهَا
مَعَٰيِشَۗ قَلِيلٗا مَّا تَشۡكُرُونَ ۝١٠ وَلَقَدۡ خَلَقۡنَٰكُمۡ ثُمَّ صَوَّرۡنَٰكُمۡ
ثُمَّ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ لَمۡ يَكُن
مِّنَ ٱلسَّٰجِدِينَ ۝١١

*ئاندىن بىز (قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى) بىلىپ*

***تۇرغانلىقىمىزنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىمىز①، بىز ئۇلاردىن ئايرىلمىغان ئىدۇق (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىدۇق) [7]. بۇ كۈندە (ياخشى ـ يامان ئەمەللەرنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر كەلسە، ئەنە شۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر [8]. كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى يېنىك كەلسە، ئەنە شۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلاردۇر② [9]. (ئى ئىنسانلار!) شەكسىزكى، بىز سىلەرنى يەر يۈزىدە ماكانلاشتۇردۇق ۋە ئۇنىڭدا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق، (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا) سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىۋاتىسىلەر [10]. شەكسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق③، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئۇلار سەجدە قىلدى، لېكىن ئىبلىس سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى [11].***

① چۈنكى بىز ھەر قانداق ئاشكارا ۋە مەخپىي ئىشلارنى بىلىپ تۇرىمىز، شۇنىڭغا ئاساسەن ھەممە ئىشلارنى ئۇلار (ئۈممەتلەر ۋە پەيغەمبەرلەر)نىڭ ئالدىدا بايان قىلىمىز ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز.

② بۇ ئايەتلەردە قىيامەت كۈنى ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىنىدىغانلىقى بايان قىلىندى. بۇ تېما قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىندى. دېمەك، ئەمەللەر تارازا ـ مىزانلاردا ئۆلچىنىدۇ، تارازىدا كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر كەلسە، ئۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ. كىمنىڭ يامان ئەمەللىرى ئېغىر كەلسە، ئۇ زىيان تارتقان بولىدۇ.

بۇ ئەمەللەر قانداق ئۆلچىنىدۇ؟ ئەمەل دېگەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان جىسمى يوق نەرسە تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ تارازىدا ئۆلچىگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ھەققىدە بىر قانچە قاراشلار مەۋجۇت:

بىرىنچى، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئەمەللەرنى ماددىي جىسىم شەكلىگە ئۆزگەرتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ۋەزنى بولىدۇ.

ئىككىنچى، كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى خاتىرلەنگەن نامە-ئەمال دەپتەرلىرى ۋە سەھىپىلىرى تارازىغا قويۇلىدۇ.

ئۈچىنچى، شۇ ئەمەللەرنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى تارازىغا قويىلىدۇ.

ھەر ئۈچ قاراشنىڭ ئۆز ئالدىغا سەھىھ ھەدىسلەردىن ئېلىنغان دەلىللىرى بار. شۇڭا ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۈچ قاراشنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بىردە ئەمەللەر، بىردە كىتابلار، بىردە ئەمەل قىلغۇچى تارازىغا سېلىنىدۇ. (بۇنىڭ دەلىللىرى تەپسىر ئىبنى كەسىردە بايان قىلىنغان) دېمەك، مىزاننىڭ كەلتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىنىدىغانلىقى قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن ھەقىقەتتۇر. ئۇنى ئىنكار قىلىش ياكى بۇرمىلاش گۇمراھلىقتۇر. ھازىرقى دەۋردە بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىككە ئورۇن قالمىدى. چۈنكى ۋەزنى يوق نەرسىلەرنىمۇ ئۆلچەيدىغان تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر كەشپ قىلىندى.

③ ﴿بىز سىلەرنى ياراتتۇق﴾ دېگەن ئايەتتىكى «سىلەرنى» گەرچە كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىز ئاتاڭلار ئادەمنى دەسلەپتە تۇپراقتىن ياراتتۇق، دېگەن بولىدۇ.

قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسْجُدَ إِذْ أَمَرْتُكَۖ قَالَ أَنَا۠ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِي
مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُۥ مِن طِينٍ ﴿١٢﴾ قَالَ فَٱهْبِطْ مِنْهَا فَمَا يَكُونُ
لَكَ أَن تَتَكَبَّرَ فِيهَا فَٱخْرُجْ إِنَّكَ مِنَ ٱلصَّٰغِرِينَ ﴿١٣﴾

***ئاللاھ (ئىبلىسقا): «مەن سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا، نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟»① دېدى. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ياخشى (ئارتۇق)، (چۈنكى) مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ»② دېدى [12]. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن)③ چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشقا ھەققىڭ يوق، يوقال! سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىن بىرىسەن④» [13].***

① ﴿أَلَّا تَسْجُدَ﴾دىكى «لا» ئارتۇق، يەنى " أَن تَسْجُدَ " (سېنى سەجدە

قىلىشتىن كىم توستى؟) بولۇشى مۇمكىن ياكى بۇ يەردە بىر ئىبارە ئايەتتىن قالدۇرۇلغان يەنى «سېنى سەجدە قىلماسلىققا نېمە مەجبۇر قىلدى؟» دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر). شەيتان پەرىشتىلەردىن ئەمەس ئىدى، بەلكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئوچۇق بايانىغا ئاساسەن ئۇ جىنلاردىن ئىدى. (سۈرە كەھف 50-ئايەت) لېكىن ئۇنىڭ ئاسماندا پەرىشتىلەر بىلەن بىللە تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەرنى «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقى ئاستىغا كىرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن سەجدە قىلمىغانلىقى سورالدى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئەيىبلەندى. ئەگەر ئۇ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغانلارنىڭ جۈملىسىدىن بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭدىن سوئالمۇ سورالمايتتى ھەم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوغلانمايتتى.

② شەيتاننىڭ بۇ ئۆزرىسى «گۇناھىنىڭ ئۆزرىسى گۇناھىنىمۇ بەتتەردۇر» دېگەن ماقال-تەمسىلگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنىڭ كەلتۈرگەن باھانىسى بىر نەچچە جەھەتتىن خاتادۇر: بىرىنچىدىن، دەرىجىسى يۇقىرى مەخلۇق دەرىجىسى تۆۋەن مەخلۇققا تازىم قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ دەپ قاراش خاتادۇر. چۈنكى ئەسلىدە ئەڭ مۇھىم نەرسە ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر، ئۇنىڭ ئەمرى كەلگەندە ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى باھانە قىلىپ، دەتالاش قىلىش ئاللاھقا سەركەشلىك قىلغانلىقتۇر. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى پەش قىلىپ، مەن ئوتتىن يارىتىلغان، ئۇ بولسا لايدىن يارىتىلغان دەپ دەلىل كەلتۈردى. بۇ سۆزى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قولى بىلەن يېپىشقاق لايدىن يارىتىپ چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھتىن جان كىرگۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت كاتتا شان-شەرەپنى كۆزگە ئىلمىدى. دۇنيادا بۇ ئۇلۇغ شەرەپتىنمۇ ئارتۇق شەرەپ بولامدۇ؟ ئۈچىنچىدىن، ئوچۇق دەلىل-ئىسپات بار تۇرسا، قىياس بىلەن ئىش قىلدى، بۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھنى رەببىم دەيدىغانلارنىڭ ئۇسۇلى ئەمەس. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ قىلغان قىياسىمۇ خاتا قىياس ئىدى. ئوت لايدىن قانداقمۇ ئەۋزەل بولالىسۇن؟ ئوتتا يەڭگىللىك، تارقىلىشچانلىق ۋە كۆيدۈرۈشتىن باشقا خۇسۇسىيەت يوق. ئەمما لاينىڭ ئەسلىسى بولغان تۇپراق ئېغىر، سۇ ساقلىيالايدىغان، يۇمشاق، چىداملىق، زىرائەت ئۈندۈرىدىغان، ئۆزىدە ئۆسۈملۈكلەرنى ياشنىتىدىغان ۋە مول-ھوسۇل بېرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. لاي بۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوتتىن ياخشىراق ۋە پايدىلىقراقتۇر. بۇ ئايەتتىن يەنە شەيتاننىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقى مەلۇم بولىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان، ئىبلىس ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلغان، ئادەم بولسا، سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەنىدەك (تۇپراقتىن) يارىتىلغان.» (سەھىھ مۇسلىم 2996 ـ ھەدىس)

③ كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى «بۇ يەردىن» دېگەن سۆزدىن جەننەت كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قارايدۇ، ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئۇستۇنكى ئالەمدىكى ئىبلىس ئۇچۇن تۇرالغۇ قىلىنغان بىر ئورۇن كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنى «ئاسماندىن» دەپمۇ تەپسىر قىلىدۇ.

④ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كۆزگە ئىلماي تەكەببۇرلۇق قىلغانلار ھۆرمەتلەشكە ئەمەس، خارلىنىشقا لايىقتۇر.

قَالَ أَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ﴿١٤﴾ قَالَ إِنَّكَ مِنَ ٱلۡمُنظَرِينَ ﴿١٥﴾ قَالَ
فَبِمَآ أَغۡوَيۡتَنِي لَأَقۡعُدَنَّ لَهُمۡ صِرَٰطَكَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ﴿١٦﴾ ثُمَّ لَأٓتِيَنَّهُم
مِّنۢ بَيۡنِ أَيۡدِيهِمۡ وَمِنۡ خَلۡفِهِمۡ وَعَنۡ أَيۡمَٰنِهِمۡ وَعَن شَمَآئِلِهِمۡۖ وَلَا
تَجِدُ أَكۡثَرَهُمۡ شَٰكِرِينَ ﴿١٧﴾ قَالَ ٱخۡرُجۡ مِنۡهَا مَذۡءُومٗا مَّدۡحُورٗاۖ
لَّمَن تَبِعَكَ مِنۡهُمۡ لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿١٨﴾

*ئىبلىس: «ماڭا كىشىلەر تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) مۆھلەت بەرگىن» دېدى [14]. ئاللاھ: «سەن چوقۇم مۆھلەت بېرىلگۈچىلەردىنسەن» دېدى① [15]. ئىبلىس ئېيتتى: «سەن مېنى ئازدۇرغانلىقتىن،② مەن ئۇلارنى (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئازدۇرۇش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالىمەن [16]. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭ يېنىدىن، سول يېنىدىن ھۇجۇم قىلىمەن③، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن④» [17]. ئاللاھ ئېيتتى: «بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) قوغلانغان ھالدا چىق! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن» [18].*

① ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا مۆھلەت بەردى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىبلىسقا مۆھلەت بېرىشى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى، ھېكمىتى ۋە خاھىشىغا ئۇيغۇن ئىدى. ئۇنىڭدىكى سىر-ھېكمەتنى ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. ئېھتىمال بۇنىڭدا مۇنداق بىر ھېكمەت بولۇشى مۇمكىنكى، شۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سىنايدۇ، كىم رەھماننىڭ بەندىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، كىم شەيتانغا چاكار بولىدۇ؟ بۇ شۇ سىناقتا ئايرىلىدۇ.

② بۇ يەردىكى «ئازدۇرۇش» ئاللاھنىڭ تەكۋىنىي ئىرادىسى بويىچە بولغان ئىدى. لېكىن ئىبلىس بۇنىمۇ مۇشرىكلارنىڭ «ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا، بىز شېرىك كەلتۈرمىگەن بولاتتۇق» دېگىنىدەك بوھتان ۋە باھانە-سەۋەب قىلىۋالدى.

③ دېمەك، ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق يوللىرىدا ئولتۇرىمەن، ياخشىلىقتىن كىشىلەرنى توسىمەن، يامانلىقنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى تاللاشقا رىغبەتلەندۈرىمەن.

④ ﴿شَٰكِرِينَ﴾ دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر مەنىسى «مُوَحِّدِيْنَ " «تەۋھىدچى، ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچى» دېمەكتۇر. يەنى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى شېرىككە مۇبتىلا قىلىمەن. ئىبلىس ئۆزىنىڭ پىلانىنى راستتىنلا ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبلىس ئۇلارنى (ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت) گۇمانىنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى. چۈنكى بىر تۈركۈم مۇئمىنلەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگەشتى﴾. (سۈرە سەبەئ 20-ئايەت) شۇڭا شەيتاننىڭ ئازدۇرىشىدىن پاناھ تىلەش ھەققىدە ھەدىسلەر كەلدى، قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ساقلىنىشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

وَيَٰٓـَٔادَمُ ٱسۡكُنۡ أَنتَ وَزَوۡجُكَ ٱلۡجَنَّةَ فَكُلَا مِنۡ حَيۡثُ شِئۡتُمَا وَلَا
تَقۡرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٩ فَوَسۡوَسَ لَهُمَا
ٱلشَّيۡطَٰنُ لِيُبۡدِيَ لَهُمَا مَا وُۥرِيَ عَنۡهُمَا مِن سَوۡءَٰتِهِمَا وَقَالَ مَا
نَهَىٰكُمَا رَبُّكُمَا عَنۡ هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةِ إِلَّآ أَن تَكُونَا مَلَكَيۡنِ أَوۡ
تَكُونَا مِنَ ٱلۡخَٰلِدِينَ ٢٠ وَقَاسَمَهُمَآ إِنِّي لَكُمَا لَمِنَ ٱلنَّٰصِحِينَ ٢١

***(ئاللاھ يەنە) «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىللە جەننەتتە تۇرغىن، (ئىككىڭلار) جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار؛ بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار①، (ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭلار) ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» [19]. ئاندىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن②، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ③: «رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر» دېدى [20]. ھەمدە ئۇلارغا: «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سەممىي نەسىھەت قىلغۇچىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى④ [21].***

① يەنى پەقەت بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن باشقا ھەر قانداق مېۋىدىن قانچىلىك يېسەڭلار، يەڭلار. بۇ بىر دەرەخنىڭ مېۋىسى سىناق يۈزىسىدىن چەكلەندى.

② شەيتاننىڭ بۇ ئالدامچىلىقتىكى مەقسىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانى ئۇلارغا بېرىلگەن جەننەت كىيىملىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، شەرمەندە قىلىش ئىدى. ﴿سَوۡاٰتِ﴾ " سَوْءَةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قاباھەت، ئەۋرەت، تەشۋىشلەندۈرىدىغان نەرسە دېگەن مەنىدە. ئەۋرەتنىڭ مۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب ئۇ ئېچىلىپ قالسا كىشى ئۇيىلىدىغان، خىجالەت تارتىدىغان يامان بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

③ " وَسْوَسَة و وِسْواَس" دېگەن " زَلْزَلَةٌ وزِلْزَالٌ " ۋەزنى بىلەن كەلگەن سۆز بولۇپ، پىچىرلىماق، قۇترىتماق، ئازدۇرماق دېگەن مەنىدە. شەيتان ئىنسانلارنىڭ دىلىغا سالغان يامان خىياللار ۋەسۋەسە دەپ ئاتىلىدۇ.

④ جەننەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋاغا بېرىلگەن نېمەتلەرنى كۆرگەن شەيتان ئۇلارنى ئالداشقا باشلىدى ۋە يالغان ئېيتىپ دېدىكى، ئاللاھ تائالا ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشىڭلارنى خالىمىغاچقا، سىلەرنى بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن چەكلىدى. بۇ دەرەخنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئۇنى يېگەن ئادەم پەرىشتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ ياكى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. ئاندىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكتىن

ئىپتىۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا شەيتاننىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ قالدى. چۈنكى، مۇئمىن بەزىدە ئاللاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ دېيىلگەن سۆزلەرگە ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ.

فَدَلَّىٰهُمَا بِغُرُورٍۚ فَلَمَّا ذَاقَا ٱلشَّجَرَةَ بَدَتۡ لَهُمَا سَوۡءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخۡصِفَانِ عَلَيۡهِمَا مِن وَرَقِ ٱلۡجَنَّةِۖ وَنَادَىٰهُمَا رَبُّهُمَآ أَلَمۡ أَنۡهَكُمَا عَن تِلۡكُمَا ٱلشَّجَرَةِ وَأَقُل لَّكُمَآ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ لَكُمَا عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٢٢﴾ قَالَا رَبَّنَا ظَلَمۡنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمۡ تَغۡفِرۡ لَنَا وَتَرۡحَمۡنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾

*شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق (يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈرۈۋەتتى①. ئۇلار دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندە ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (تىكى دەرەخلەرنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى②. رەببى ئۇلارغا (كايىپ): «مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنى (يەنى مېۋىسىنى يېيىشنى) مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ شەكسىزكى، شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟» دەپ نىدا قىلدى③ [22]. ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى④ [23].*

① " تَدْلِيَةٌ " ۋە " إِدْلَاءٌ " بىر نەرسىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تاشلاش، چۈشۈرۈش دېگەن مەنىدە. شەيتان ئۇلارنى چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە چۈشۈرۈۋەتتى.

② ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەۋۋادىن تۇيماستىن، قەستەنلىك بولماستىن سادىر بولغان بۇ گۇناھ سەۋەبىدىن ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار

خىجىل بولغانلىقتىن جەننەت دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى. ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالا ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا نۇردىن كىيىم ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرەلمەيتتى.» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ يەنى سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان تۇرۇپمۇ شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكرىگە ئالداندىڭلار. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرى ناھايىتى چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشچانلىق، دائىمىي ھۇشيارلىق كېرەك.

④ تەۋبە-ئىستىغفارنىڭ بۇ دۇئاسىنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن تەلىم ئالدى. بۇ نۇقتا سۈرە بەقەرە 37-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى. شەيتان ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە بولدى قىلماستىن قىلمىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەقلىي ۋە پەرزىي دەلىللەرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوغلاندى بولۇپ، مەڭگۈ مەلئۇن دەپ ئاتالدى؛ ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم سورىغان ئىدى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە كەچۈرۈم قىلىشىغا لايىق بولدى. شۇ تەرىقىدە ئاللاھنىڭ يولى ۋە شەيتاننىڭ يولىدىن ئىبارەت ئىككى يول ئېنىق بولدى. يەنى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىۋېلىش ھەمدە ئۇنى توغرا دەپ دەلىل-ئىسپات كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش شەيتاننىڭ يولى بولدى. گۇناھتىن كېيىن پۇشايمان قىلىش، ئاللاھقا بويۇن ئېگىپ، كەچۈرۈم تەلەپ قىلىش ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ يولى بولدى. ئى ئاللاھ! بىزنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلغىن. ئامىن.

قَالَ ٱهۡبِطُواْ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ وَلَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُسۡتَقَرّٞ
وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ ﴿٢٤﴾ قَالَ فِيهَا تَحۡيَوۡنَ وَفِيهَا تَمُوتُونَ وَمِنۡهَا
تُخۡرَجُونَ ﴿٢٥﴾ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ قَدۡ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكُمۡ لِبَاسٗا يُوَٰرِي
سَوۡءَٰتِكُمۡ وَرِيشٗاۖ وَلِبَاسُ ٱلتَّقۡوَىٰ ذَٰلِكَ خَيۡرٞۚ ذَٰلِكَ مِنۡ ءَايَٰتِ
ٱللَّهِ لَعَلَّهُمۡ يَذَّكَّرُونَ ﴿٢٦﴾

***ئاللاھ ئېيتتى: «سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا (يەنى شەيتان ئىنسانغا، ئىنسان شەيتانغا) دۈشمەن بولغان ھالدا (جەننەتتىن) چۈشۈڭلار، سىلەر ئۈچۈن يەر يۈزىدە تۇرار جاي ۋە مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلىڭلار يېتكەنگە قەدەر) پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر بار.» [24] ئاللاھ ئېيتتى: «يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلىسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر.» [25] ئى ئادەم بالىلىرى! ھەقىقەتەن بىز سىلەرگە ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى① چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى② ئەڭ ياخشىدۇر③، ئەنە شۇلار (يەنى ئىنسان بالىلىرىغا سەترى ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس ياراتماق) ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (بەندىلىرىگە بولغان پەزلى ـ مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر [26].***

① ﴿سَوْاٰة﴾ يېپىش زۆرۈر بولغان ئەزا يەنى ئەۋرەتنى كۆرسىتىدۇ. ﴿رِيْشًا﴾ ياسىنىش ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن كىيىدىغان كىيىمنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئاۋۋالقى لىباس زۆرۈر بولغان كىيىمنى، كېيىنكى لىباس قوشۇمچە كىيىملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئىككى خىل كىيىملەر ئۈچۈن يېتەرلىك ئەسۋاب ۋە ماددى ئەشيالارنى ياراتقان.

② «تەقۋادارلىق لىباسى» دېگەندىن بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە تەقۋادارلار قىيامەت كۈنى كېيىدىغان كىيىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما بەزى ئۆلىمالار ئۇنى ئىمان دېگەن مەنىدە ئالسا، بەزىلەر ئۇنى ياخشى ئەمەل، تەقۋادارلىق ۋە ئاللاھتىن قورقۇش دېگەن مەنىدە ئالىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۇقۇمى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ لىباسنى كەيگەن كىشى تەكەببۇرلۇقتىن ساقلىنىپ، ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەل قىلىدىغان بولىدۇ.

③ بۇنىڭدىن يەنە مۇنداق ئۇقۇم چىقىدۇ: ياسىنىش ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈنمۇ كىيىم كىيىش جايىز بولسىمۇ، كىيىم كېيىشتە ئاددى-ساددا بولۇش تەقۋادارلىق ۋە زاھىدلىقنىڭ ئالامىتى بولغاچقا ياخشىراق دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېڭى كىيىم كەيگەندە بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى. «ماڭا ئەۋرىتىمنى ياپىدىغان ۋە زىننەتلىنىدىغان كىيىم بەرگەن ئاللاھقا

ھەمدۇـسانا ئېيتىمەن.» (سۈنەنى تىرمىزى 2819ـھەدىس)

يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ لَا يَفۡتِنَنَّكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ كَمَآ أَخۡرَجَ أَبَوَيۡكُم مِّنَ
ٱلۡجَنَّةِ يَنزِعُ عَنۡهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوۡءَٰتِهِمَآۚ إِنَّهُۥ يَرَىٰكُمۡ هُوَ
وَقَبِيلُهُۥ مِنۡ حَيۡثُ لَا تَرَوۡنَهُمۡۗ إِنَّا جَعَلۡنَا ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ
لِلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٧﴾ وَإِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةٗ قَالُواْ وَجَدۡنَا عَلَيۡهَآ
ءَابَآءَنَا وَٱللَّهُ أَمَرَنَا بِهَاۗ قُلۡ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَأۡمُرُ بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ أَتَقُولُونَ
عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٢٨﴾

***ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرۇۋەتمىسۇن. شەيتان ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر① . شەكسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق② [27]. ئۇلار (يەنى كاپىرلار) بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (بەندىلىرىنى) ھەرگىز يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن ئېيتامسىلەر؟③» [28].***

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئادەم بالىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، شەيتان ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسى يەنى قولچوماقلىرى سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانى ئالداپ جەننەتتىن چىقىرىلىشقا ۋە ئەۋرەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغاندەك، سىلەرنىمۇ غەپلەتتە قالغان ۋە ھورۇنلىشىپ قالغان ۋاقتىڭلاردىن پايدىلىنىپ، ئازدۇرۇۋەتمىسۇن ۋە پىتنىگە مۇپتىلا قىلمىسۇن، دەپ تەكىتلىدى. خۇسۇسەن

شەيتان كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بولغاچقا ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى.

② يەنى ئىمانسىز كىشىلەرلا ئۇنىڭ دوستى ۋە ئازدۇرۇش نىشانىدۇر. ئۇ يەنە مۆئمىنلەرنىمۇ ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ تۇرىدۇ، ھېچنېمە قىلالمىسا، رىياكارلىقتىن ئىبارەت مەخپىي شېرىككە ئاندىن ئاشكارا شېرىككە باشلايدۇ. ئۇ يەنە ئىمان ئېيتقانلارنى ئىماننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە يېتىشتىن مەھرۇم قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

③ ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى مۇشرىكلار كەبىنى كىيمىسىز تاۋاپ قىلاتتى ۋە ئانىمىزدىن قانداق تۇغۇلغان بولساق شۇ ھالەتتە تاۋاپ قىلىمىز دەيتتى. بەزىلىرى باشقىچە باھانە كۆرسىتىپ، بىز كىيىپ يۈرۈپ گۇناھ قىلغان كىيىملىرىمىز بىلەن كەبىنى تاۋاپ قىلىشنى مۇناسىپ كۆرمەيمىز دەپ، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ تاۋاپ قىلاتتى. مۇشرىك ئاياللارمۇ ئەۋرەتلىرىنى بىرەر پارچە لاتىدەك نەرسە بىلەن توساپ قويۇپلا كەبىنى كىيمىسىز تاۋاپ قىلىۋېرەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇياتسىز قىلمىشلىرىغا ئىككى خىل ئۆزرىنى باھانە قىلىپ كۆرسەتتى. بىرىنچى، بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئىككىنچى، ئاللاھ تائالا بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارغا رەددىيە بەردى. ئاللاھ تائالا قانداقمۇ ھاياسىز ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇسۇن؟ سىلەر ئاللاھ تائالا دېمىگەننى دېدى دەپ يالغان سۆزلەۋاتىسىلەر. بۇ ئايەت يەنە پىرلارغا، مەشھۇر شەخسلەرگە ۋە ئاتا-بوۋىلارغا چوقۇنىدىغانلارغا رەددىيەدۇر. ئۇلارغا ھەقىقەت بايان قىلىنسا، ئۇلارمۇ دەل مۇشۇ ئۆزرىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، ئۇلار: «ئاتا-بوۋىلىرىمىز شۇنداق قىلىپ كەلگەن ئىكەن، بىزنىڭ پىر-غوجام، ئىشان ۋە شەيخلىرىمىز شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان» دەيدۇ. مۇشۇ قاتماللىق سەۋەبىدىن يەھۇدىيلار يەھۇدىيلىقتا، ناسارالار ناسارالىقتا ۋە بىدئەتچىلەر بىدئەتلىرىدە قالدى. (فەتھۇلقەدىر)

قُلۡ أَمَرَ رَبِّي بِٱلۡقِسۡطِۖ وَأَقِيمُواْ وُجُوهَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَٱدۡعُوهُ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَۚ كَمَا بَدَأَكُمۡ تَعُودُونَ ٢٩ فَرِيقًا هَدَىٰ وَفَرِيقًا حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلضَّلَٰلَةُۚ إِنَّهُمُ ٱتَّخَذُواْ ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱللَّهِ

وَيَحۡسَبُونَ أَنَّهُم مُّهۡتَدُونَ ﴿٣٠﴾ ۞ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمۡ عِندَ
كُلِّ مَسۡجِدٖ وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ﴿٣١﴾

***(ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «رەببىم مېنى ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇدى①. ھەربىر سەجدە قىلغىنىڭلاردا پۈتۈنلەي ئاللاھقا يۈزلىنىڭلار②، تائەت - ئىبادىتىڭلارنى (رىيا ۋە شېرىكتىن) ساپ قىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن ياراتقاندەك سىلەر (قىيامەت كۈنى يەنە بىر ھاياتقا) قايتىسىلەر» [29]. ئاللاھ (بەندىلىرىدىن) بىر قىسمىنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلدى؛ يەنە بىر قىسمىغا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتتى. (ئۇلار شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ھېسابلايدۇ [30]. ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى يېپىپ تۇرىدىغان پاكىز ۋە) چىرايلىق كىيىنىڭلار③، يەڭلار، ئىچىڭلار، (چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ) ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ④ [31].***

① بۇ يەردىكى «ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇدى» دېگەن بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دەپ ئېتىقاد قىلىشقا يەنى تەۋھىدكە بۇيرۇدى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىگە بۇيرۇش ئۇنىڭ ئەكسىدىن چەكلەشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك تەۋھىدكە بۇيرۇغانلىق شېرىكتىن چەكلەشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە تەۋھىد بولسا ئەڭ چوڭ ئادالەتتۇر. بۇ يۇقىرىدىكى كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بولۇپ، رەببىم مېنى يامان ئىشلارغا بۇيرىمىدى بەلكى ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرىدى، دېمەكتۇر. (تەپسىر قۇرتۇبى)

② ئىمام شەۋكانى بۇ ئايەتنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق بىر مەسجىدتە بولساڭلار، نامىزىڭلاردا قىبلىگە يۈزلىنىڭلار. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇنىڭدىن ئىستىقامەت يەنى پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ئىبادەت قىلىڭلار، دېگەن مەننى، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن جۈملىدىن ئەمەلنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىڭلار، دېگەن مەننى ئالىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى

شەرت بار: بىرىنچىسى، شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇش. ئىككىنچىسى، خالىس ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ قىلغان بولۇش. بۇ ئايەت مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ.

③ بۇ ئايەتتىكى ﴿زِينَت﴾ دىگەندە كىيىم مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭ چۈشۈش سەۋەبىمۇ مۇشرىكلارنىڭ يالىڭاچ تاۋاپ قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا: كىيىم كىيىپ ئىبادەت قىلىڭلار ۋە تاۋاپ قىلىڭلار، دىيىلدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿زِينَت﴾ دىگەندىن ياسىنىش ئۈچۈن كىيىدىغان چىرايلىق ۋە پاكىزە كىيىملەر مەقسەت قىلىنغان، بۇنىڭدىن ناماز ئوقۇغان ۋە تاۋاپ قىلغان چاغلاردا چىرايلىق ۋە پاكىزە كىيىملەرنى كىيىڭلار، دىگەن ھۆكۈم چىقىدۇ. ئۆلىمالار يەنە بۇ ئايەتنى نامازدا ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ پەرزلىكىگە دەلىل قىلىدۇ. ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن ئەۋرەتنى يېپىش (كىندىكتىن تىزغىچە بولغان جاينى يۆگەش) ھەر قانداق ئەھۋالدا زۆرۈردۇر، ھەتتا ھېچكىم بولمىغان جايدىمۇ. (فەتھۇلقەدىر) جۇمە ۋە ھېيت كۈنلىرى خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىش مۇستەھەپتۇر، بۇمۇ ئايەتتىكى زىننەت قاتارىغا كىرىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ ئىسراپچىلىق ھەر قانداق ئىشتا ھەتتا يېمەك-ئىچمەكتىمۇ ياخشى سانالمايدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «تەكەببۇرلۇق ۋە ئىسراپ قىلماستىن يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار»، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دىگەن: «ئىسراپخورلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلمىساڭلا، نېمىنى يېگۈڭ كەلسە يېگىن، نېمىنى كىيگىڭ كەلسە كىيگىن.» (سەھىھۇل بۇخارى 5783-ھەدىس) بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا پۈتۈن تىبابەتنى ﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار﴾ دىگەن بىر ئايەتكە جەم قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

قُلۡ مَنۡ حَرَّمَ زِينَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِيٓ أَخۡرَجَ لِعِبَادِهِۦ وَٱلطَّيِّبَٰتِ مِنَ
ٱلرِّزۡقِۚ قُلۡ هِيَ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا خَالِصَةٗ يَوۡمَ
ٱلۡقِيَٰمَةِۗ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ٣٢ قُلۡ إِنَّمَا حَرَّمَ
رَبِّيَ ٱلۡفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ مِنۡهَا وَمَا بَطَنَ وَٱلۡإِثۡمَ وَٱلۡبَغۡيَ بِغَيۡرِ

ٱلۡحَقِّ وَأَن تُشۡرِكُواْ بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنًا وَأَن تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ٣٣

***(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن زىننەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈندۇر (گەرچە كاپىرلارمۇ پايدىلانسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا ئىمان ئېيتقانلارغىلا خاستۇر»①. (بۇنىڭ قىممىتىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز [32]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «رەببىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى②، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى③، ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشىڭلارنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلىشىڭلارنى ھارام قىلدى» [33].***

① مۇشرىكلار بەيتۇللاھنى كىيىم بىلەن تاۋاپ قىلىشنى توغرا دەپ قارىمىغاندەك، بەزى ھالال نەرسىلەرنىمۇ ئاللاھقا يېقىنلىشىش يۈزىسىدىن ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغان ئىدى (بىر قىسىم سوپى-ئىشانلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ). ئۇنى ئاز دەپ يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بۇتلىرىنىڭ نامىغا ئاتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھارام دەپ بەلگىلىۋالغان ئىدى. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ قىلمىشىرىغا رەددىيە بېرىلدى: ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ چىرايلىق كىيىنىشى ئۈچۈن ياراتقان كىيىملەرنى ۋە يېيىشى ئۈچۈن بەرگەن پاك رىزىقلارنى ھارام قىلغان كىم؟ ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ ھارام قىلىۋېلىشى بىلەن ھارام بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ھالال پېتى تۇرىۋېرىدۇ. ئەسلىدە ئاللاھ تائالا بۇ ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ياراتقان، كاپىرلارمۇ ئۇ نەرسىلەردىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ، ھەتتا بەزىدە كاپىرلار مەئىشەتتە مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە ئىلغار، تۇرمۇش شارائىتىمۇ ئۇلاردىن ياخشىراق كۆرۈنىدۇ، ئەمما بۇ ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولۇشتۇر خالاس، بۇنداق بولۇشتا ئاللاھ تائالانىڭ تەكۋىنىي ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بار. ئەمما بۇ نېمەتلەر قىيامەت كۈنى پەقەت ئىمان ئېيتقانلارغا خاستۇر. چۈنكى كاپىرلارغا جەننەت ھارام بولغاندەك، يېمەك-ئىچمەكلەرمۇ ھارام بولىدۇ.

② بەزى ئۆلىمالار «ئاشكارا يامان ئىشلار» دېگەندە پاھىشىخانىلارغا بېرىپ زىنا قىلىش، «يوشۇرۇن يامان ئىشلار» دېگەندە بىرەر «قىز دوست بىلەن خۇسۇسىي ئالاقە» قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزى ئۆلىمالار «ئاشكارا يامان ئىشلار» شەرىئەتتە چەكلەنگەن مەھرەملەر بىلەن توي قىلىشنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. توغرىسى شۇكى، بۇ گۇناھنىڭ بىر تۈرىگە خاس ئەمەس بەلكى ئومۇمىي بولۇپ، ھەر قانداق ئاشكارا ئەخلاقسىزلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: چەكتىن ئاشقان شەھۋانىي كىنو-فىلىملەر، سېرىق مەزمۇندىكى ۋىدىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە گېزىت-ژۇرناللارنى كۆرۈش، ناخشا-ئۇسسۇل كېچىلىكى ۋە تانسىغا بېرىش، ئاياللارنىڭ رومال ۋە پەرىجىسىز سىرتقا چىقىشى ۋە يات ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىشى، توي-تۆكۈنلەردىكى ھاياسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى قاتارلىقلار ئاشكارا يامان ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

③ ﴿الْإِثْمَ﴾ «گۇناھ» دېگەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «گۇناھ يۈرىكىڭنى تاتىلايدىغان ۋە باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغان نەرسىدۇر.» (سەھىھ مۇسلىم 2553-ھەدىس) بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿الْإِثْمَ﴾ دېگەن تەسىرى ئۆزى قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدىغان گۇناھنى؛ ﴿الْبَغْيَ﴾ دېگەن تەسىرى باشقىلارغىمۇ يېتىپ بارىدىغان گۇناھنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭغا ناھەق دېگەن سۆز قوشۇلسا، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ۋە ناھەق چېقىلىشنى بىلدۈرىدۇ، دەيدۇ. مەسىلەن: كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش، مال-مۈلۈكىنى ئېلىۋېلىش، ناھەق ئۇرۇش، تىللاش ۋە ھاقارەت قىلىش قاتارلىقلار.

وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا
يَسْتَقْدِمُونَ ﴿٣٤﴾ يَٰبَنِىٓ ءَادَمَ إِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَقُصُّونَ
عَلَيْكُمْ ءَايَٰتِى فَمَنِ ٱتَّقَىٰ وَأَصْلَحَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ
يَحْزَنُونَ ﴿٣٥﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱسْتَكْبَرُوا۟ عَنْهَآ أُو۟لَٰٓئِكَ
أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٣٦﴾

***ھەر بىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ①، ئۇلارنىڭ (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى - كېيىن بولمايدۇ (يەنى دەرھال ھالاك بولىدۇ) [34]. ئى ئادەم بالىلىرى! ئەگەر سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان بېرىدىغان ئەلچىلەر كەلگەندە، كىمكى (ئۇلارغا ئىمان ئېيتىپ) ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتسە، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار غەم-ئەندىشە قىلمايدۇ② [35]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىدۇر③ [36].***

① «مۇئەييەن ۋاقىت» دېگەندە ھەربىر ئۈممەتكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن مۆھلەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئۈممەتنى سىناش ئۈچۈن شۇنداق مۆھلەت بېرىدۇ. ئۇ ئۈممەت بېرىلگەن مۆھلەتتىن پايدىلىنىپ ئاللاھنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ ياكى ئىتائەتسىزلىك ۋە گەدەنكەشلىكتە تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. بېرىلگەن مۆھلەت بەزىدە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ، يەنى پانىي دۇنيادا ئاللاھ ئۇلارنى جازالىمايدۇ، پەقەت ئاخىرەتتە جازالايدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى قىيامەت كۈنى بولىدۇ. بەزىلەرنى ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا جازالايدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى ئۇلار جازالانغان ۋاقىت بولىدۇ.

② بۇ ئايەتتە ياخشى ئەمەل ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن مۇئمىنلەرنىڭ گۈزەل ئىستىقبالى بايان قىلىندى. قۇرئان كەرىم كۆپىنچە ئايەتلەردە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنى بىللە تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشى ئەمەلگە ياندىشىقان ئىماننىڭلا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرنىڭ قارشىسىدا، ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى بايان قىلىندى. مۇئمىنلەرنىڭ ئىستىقبالى بىلەن كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت كىشىلەرنى ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەرغىپ قىلىش، ئاقىۋىتى

يامان بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىشتۇر.

فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَـٰتِهِۦٓ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ
يَنَالُهُمْ نَصِيبُهُم مِّنَ ٱلْكِتَـٰبِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتْهُمْ رُسُلُنَا يَتَوَفَّوْنَهُمْ
قَالُوٓا۟ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ ۖ قَالُوا۟ ضَلُّوا۟ عَنَّا
وَشَهِدُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ أَنَّهُمْ كَانُوا۟ كَـٰفِرِينَ ﴿٣٧﴾ قَالَ ٱدْخُلُوا۟ فِىٓ أُمَمٍ
قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِكُم مِّنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ فِى ٱلنَّارِ ۖ كُلَّمَا دَخَلَتْ
أُمَّةٌ لَّعَنَتْ أُخْتَهَا ۖ

*ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئەنە شۇلار لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلگەن نېسىۋىلىرىگە ئېرىشىدۇ①، ھەتتا بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندىمۇ، ئۇلارغا: «ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى؟» دەيدۇ، ئۇلار: «مەبۇدلىرىمىز بىزنى تاشلاپ كەتتى» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىر بولغانلىقلىرىغا (ئىقرار قىلىپ) ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ [37]. ئاللاھ (ئۇلارغا): «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان (كاپىر) ئۈممەتلەر② بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار» دەيدۇ. ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ③.*

① بۇ يەردىكى «نېسىۋە»نىڭ بىر نەچچە خىل مەنىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى: ئىش-ھەرىكەت، رىزىق ۋە ئۆمۈردۇر. يەنى ئۇلار لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان تەقدىرىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ، رىزىقلىرىنى يەپ، ئۆمۈرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاخىرىدا ئۆلۈمگە يولۇقىدۇ. بۇ ئۇقۇمنى كۈچلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئايەت بار، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ›. ئۇلار

بۇ دۇنيادىن (ئازغىنە ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾. (سۈرە يۇنۇس 69ـ70ـ ئايەتلەر)

② ﴿أُمَمٍ﴾ " أُمَّةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، جامائە، پىرقە ۋە گۇرۇھ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۇشتە، كۇفرىلىقتا، ھەقنى ئىنكار قىلىشتا ئۇلارغا ئوخشاش بولغان گۇرۇھ ۋە پىرقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. " فِيْ " بەزىدە "مَعَ" مەنىسىدە كېلىدۇ. يەنى سىلەردىن ئىلگىرى بۇ يەرگە كەلگەن ئىنسانلار ۋە جىنلار گۇرۇھى بىلەن بىللە جەھەننەمگە كىرىڭلار ياكى ئۇلارغا قوشۇلۇڭلار.

③ ﴿لَعَنَتْ أُخْتَهَا﴾ ئۆزىنىڭ يەنە بىر گۇرۇھىغا لەنەت ئوقۇيدۇ. " أُخْتٌ " ھەمشىرە، قىز بىر تۇققاننى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە دىنىي جەھەتتىكى ياكى گۇمراھلىقتىكى ئوخشاشلىق نەزەردە تۇتۇلۇپ، بىر گۇرۇھ (ئۇممەت) يەنە بىر گۇرۇھ (ئۇممەت(نىڭ ھەمشىرىسى دېيىلدى. ھەر ئىككىسى خاتا دىنغا ئەگىشىشتە ۋە گۇمراھلىقتا ئورتاق بولغانلىقى ياكى جەھەننەمدە بىر-بىرىگە ھەمراھ بولىدىغانلىقى ئېتىبارى بىلەن بىر-بىرىنىڭ ھەمشىرىسى دەپ ئاتالدى.

حَتَّىٰٓ إِذَا ٱدَّارَكُواْ فِيهَا جَمِيعًا قَالَتۡ أُخۡرَىٰهُمۡ لِأُولَىٰهُمۡ رَبَّنَا
هَـٰٓؤُلَآءِ أَضَلُّونَا فَـَٔاتِهِمۡ عَذَابًا ضِعۡفًا مِّنَ ٱلنَّارِۖ قَالَ لِكُلّٖ ضِعۡفٞ
وَلَٰكِن لَّا تَعۡلَمُونَ ٣٨ وَقَالَتۡ أُولَىٰهُمۡ لِأُخۡرَىٰهُمۡ فَمَا كَانَ لَكُمۡ
عَلَيۡنَا مِن فَضۡلٖ فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡسِبُونَ ٣٩

*ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاختا كىرىپ بولۇپ جەم بولغاندا① ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (يەنى يولباشچىلىرىغا) قارىتىپ②: «ئى رەببىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. شۇڭا ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ③ . ئاللاھ: «(سىلەردىن) ھەربىر ئۇممەت ئىككى ھەسسە ئازابقا دۇچار بولىدۇ④ ، لېكىن سىلەر*

***(ئۇ ئازابنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيسىلەر» دەيدۇ [38]. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە: «سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق (يەنى گۇمراھلىقتا ۋە ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشاشمىز)، شۇڭا، سىلەرمۇ قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ [39].***

① ﴿ادَّارَكُوا﴾ يەنى " تَدَارَكُوا " ئۇلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ۋە بىر يەرگە جەم بولغاندا دېگەن مەنىدە.

② ﴿أُخْرَىٰ﴾ دېگەن كېيىن كىرگەنلەر، ﴿أُولَىٰ﴾ دېگەن ئىلگىرى كىرگەنلەردۇر. ياكى ﴿أُخْرَىٰ﴾ دېگەن ئەگەشكۈچىلەر، ﴿أُولَىٰ﴾ دېگەن ئەگەشتۈرگۈچى رەھبەر ۋە يولباشچىلاردۇر. يولباشچىلارنىڭ جىنايىتى ئېغىر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھەقتىن يىراقلاشقان ۋە باشقىلارنىمۇ ھەقتىن يىراقلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ، ھەق يولغا ئەگىشىشتىن توسقان. شۇڭا ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئىلگىرى جەھەننەمگە كىرىدۇ.

③ شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن› دەيدۇ﴾. (سۈرە ئەھزاب 66 ـ 68 ـ ئايەتلەر)

④ يەنى ئەمدى ئۇلار بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىشىدۇ، ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە گۇناھنى ئارتىپ قويۇشىنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. ئۇلارغا: سىلەر ھەممىڭلار گۇناھكار، ھەممىڭلار ئازابقا لايىق دېيىلىدۇ. ئەگەشكۈچى ۋە ئەگەشتۈرگۈچىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى سۈرە سەبەئنىڭ 32 ـ 33 ـ ئايەتلىرىدە بايان قىلىنىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱسۡتَكۡبَرُواْ عَنۡهَا لَا تُفَتَّحُ لَهُمۡ أَبۡوَٰبُ
ٱلسَّمَآءِ وَلَا يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ حَتَّىٰ يَلِجَ ٱلۡجَمَلُ فِي سَمِّ ٱلۡخِيَاطِۚ
وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُجۡرِمِينَ ٤٠ لَهُم مِّن جَهَنَّمَ مِهَادٞ وَمِن فَوۡقِهِمۡ

غَوَاشٍۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤١﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَا نُكَلِّفُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ
هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٤٢﴾

*شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلارغا ئاسمانىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)①، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتمىگۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)②، گۇناھكارلارنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز [40]. دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ③، (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز [41]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ــ بىز ھېچكىمگە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيمىز④ ــ ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ [42].*

① بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ياكى روھلىرى ياكى دۇئالىرى ئۈچۈن ئاسمانىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلمايدۇ. يەنى ياخشى ئەمەللەر ۋە دۇئالار قوبۇل بولمايدۇ. روھلار كەينىگە قايتۇرۇلىدۇ. (بۇ نۇقتىنى مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 364-365-بەتتىكى ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ) ئىمام شەۋكانى: يۇقىرىدىكى ئۈچ نەرسىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئاسمانىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلماسلىقى مۇمكىن، دەيدۇ.

② بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن بىر مىسالدۇر. تۆگىنىڭ يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتۈشى مۇمكىن بولمىغاندەك، كاپىرلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. تۆگىنى مىسال كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى تۆگە ئەرەبلەر ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىدىغان ۋە جىسمى چوڭ ھايۋان بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. يىڭنىنىڭ تۆشۈكى ناھايىتى كىچىك ۋە تار بولغانلىقتىن بۇ يەردە ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. بۇ ئىككى نەرسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق مۇمكىن بولمايدىغان

ئىش تولىمۇ ئېنىق روشەنلەشتۈرۈپ بېرىلگەن. ئادەتتە مۇمكىن ئەمەس ئىشلار ئۈچۈن ئەنە شۇنداق مىسال كەلتۈرۈلىدۇ.

③ ﴿غَوَاشٍ﴾ بولسا "غَاشِيَةٌ"نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئۈستىدىن ياپقۇچى، قاپلىغۇچى دېمەكتۇر. يەنى ئوت ئۇلارنىڭ ئۈستىنى قاپلايدۇ، ئورىۋالىدۇ.

④ بۇ بىر قىستۇرما جۈملە بولۇپ، ئۇنى كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ ئىنسان قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئېغىر ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر. دېمەك، بۇ ئىشلارنى ھەر قانداق ئىنسان ئاسانلا قىلالايدۇ ۋە ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

وَنَزَعۡنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنۡ غِلّٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمُ ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ وَقَالُواْ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي هَدَىٰنَا لِهَٰذَا وَمَا كُنَّا لِنَهۡتَدِيَ لَوۡلَآ أَنۡ هَدَىٰنَا ٱللَّهُۖ لَقَدۡ جَآءَتۡ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلۡحَقِّۖ وَنُودُوٓاْ أَن تِلۡكُمُ ٱلۡجَنَّةُ أُورِثۡتُمُوهَا بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٤٣﴾ وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ أَصۡحَٰبَ ٱلنَّارِ أَن قَدۡ وَجَدۡنَا مَا وَعَدَنَا رَبُّنَا حَقّٗا فَهَلۡ وَجَدتُّم مَّا وَعَدَ رَبُّكُمۡ حَقّٗاۖ قَالُواْ نَعَمۡۚ فَأَذَّنَ مُؤَذِّنُۢ بَيۡنَهُمۡ أَن لَّعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾

***ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئۆچمەنلىك (ۋە شۇنىڭدەك سەلبىي ھېس - تۇيغۇلاردىن نېمە) بولسا، ئۇنى ئېلىپ تاشلايمىز (يەنى جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئاغرىق - ئاداۋەت بولمايدۇ)①، ئۇلارنىڭ (جەننەتتىكى سارايلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا) يېتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇنكى، ئۇ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، بىز توغرا يول تاپالمىغان بولاتتۇق②، شەكسىزكى، رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى بىزگە ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى» دەيدۇ، ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن سىلەر ۋارىس قىلىنغان جەننەت مانا مۇشۇدۇر» دەپ نىدا قىلىنىدۇ③ (يەنى پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ) [43]. جەننەت ئەھلى دوزاخ ئەھلىگە: «بىز ھەقىقەتەن رەببىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان***

*نەرسىلەرگە راستتىنلا ئېرىشتۇق، سىلەرمۇ رەببىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىلەرگە راستتىنلا ئېرىشتىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ④. ئۇلار: «ھەئە» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: «(كاپىرلىقنى تاللاش ئارقىلىق) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن! [44].*

① ﴿غِلٍّ﴾ دېگەن دىللاردا يوشۇرۇنغان ئۆچ-ئاداۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى بىر-بىرىگە بولغان ئۆچ-ئاداۋەتنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى ئەينەكتەك پاك بولىدۇ. ھېچكىمنىڭ دىلىدا يەنە بىر ئىنسانغا قارىتا يامان كۆرۈش ۋە دۈشمەنلىك قالمايدۇ. بەزى مۆپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: جەننەت ئەھلىگە بېرىلگەن دەرىجە ۋە مەرتىۋىلەردە پەرق بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىشمايدۇ. ئاۋالقى ئۇقۇمنى مۇنۇ ھەدىس ئىسپاتلايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆئمىنلەر دوزاختىن قۇتۇلۇپ (جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى) قەنتەرە دېگەن كۆۋرۈكتە توختىتىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيادا بىر - بىرىگە يەتكۈزگەن ئازار ۋە زۇلۇملىرىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن رازى بولۇشۇپ، گۇناھلىرىدىن پاكلانغاندا جەننەتكە كىرگۈزىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 2440-ھەدىس). مەسىلەن: سىياسىي داۋالغۇش سەۋەبىدىن ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن رەنجىشلەر يوق بولىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ھەققىدە: ﴿ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئۆچمەنلىك (ۋە شۇنىڭدەك سەلبىي ھېس-تۇيغۇلاردىن نېمە) بولسا، ئۇنى ئېلىپ تاشلايمىز﴾ دېگەن ئىدى، مەن شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى بىز يېتەكلەنگەن توغرا يول ئارقىلىق بىزگە ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ياشايدىغان ھايات نېسىپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشتەك دەرىجىسىگە يەتتۇق، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان خۇسۇسىي پەزلى-مەرھەمىتىدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، بىز بۇ دەرىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق. بۇ ئۇقۇم تۆۋەندىكى ھەدىستە تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ: پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: «شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى بولمىغىنىدا قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرىڭلار سىلەرنى ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ» دېدى. ساھابىلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەنمۇ شۇنداق، ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى بولمىغىنىدا، مېنىمۇ (ئەمەل ئىبادەتلىرىم جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ)» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 6463-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2816-ھەدىس)

③ بۇ نۇقتا مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئوقۇمى بىلەن زىت ئەمەس، چۈنكى ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا ياخشى ئەمەلگە مۇۋەپپەق بولۇشمۇ ئۇنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن بولىدۇ.

④ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بەدرى غازىتىدا جەسەتلىرى بىر قۇدۇققا تاشلانغان كاپىرلارغا خىتاپ قىلىپ: «ئى ئەبۇجەھىل ئىبنى ھىشام! ئى ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە! ئى شەيبە ئىبنى رەبىيئە! سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنىڭ ھەقلىقىنى كۆردۇڭلارمۇ؟ مەن پەرۋەردىگارىم ۋەدە قىلغان نەرسىنىڭ ھەقلىقىنى كۆردۈم» دېگەن ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۆلۈكلەرگە سۆز قىلىۋاتامسەن؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى سىلەردىن ئوبدانراق ئاڭلايدۇ، لېكىن جاۋاب بېرەلمەيدۇ» دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 2874-ھەدىس ۋە سەھىھۇل بۇخارى 3980-3981-ھەدىس)

ٱلَّذِينَ يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجًا وَهُم بِٱلْـَٔاخِرَةِ كَـٰفِرُونَ ﴿٤٥﴾ وَبَيْنَهُمَا حِجَابٌ ۚ وَعَلَى ٱلْأَعْرَافِ رِجَالٌ يَعْرِفُونَ كُلًّۢا بِسِيمَىٰهُمْ ۚ وَنَادَوْا۟ أَصْحَـٰبَ ٱلْجَنَّةِ أَن سَلَـٰمٌ عَلَيْكُمْ ۚ لَمْ يَدْخُلُوهَا وَهُمْ يَطْمَعُونَ ﴿٤٦﴾

*ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ داغدام يولىدىن توسىدىغان، ئۇنىڭ*

***ئەگەر بولۇشنى تىلەيدىغان يەنە ئاخىرەتنىمۇ ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەردۇر» [45]. ئۇلارنىڭ (يەنى جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ) ئارىسىدا بىر سېپىل بولىدۇ①. ئەئرافتا (يەنى سېپىلنىڭ ئۈستىدە) ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى سىماسىدىن② تونۇيدىغان ئادەملەر③ بولۇپ، ئۇلار جەننەت ئەھلىگە: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار (يەنى ئەئرافتىكىلەر) جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر④ [46].***

① «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا» دېگەندە جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسى ياكى كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەر ئارىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿حِجَابٌ﴾ «پەردە، توسما» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن سۈرە ھەدىدتە تىلغا ئېلىنغان «سېپىل، پاسىل تام، توسما» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ﴾. (سۈرە ھەدىد 13-ئايەت) مانا بۇ ئەئرافنىڭ توسمىسىدۇر.

② ﴿سِيْما﴾ بەلگىسى، سىماسى، يۈزى، قىياپىتى دېگەن مەنىدە. جەننەت ئەھلىنىڭ يۈزلىرى ئاق ۋە نۇرلۇق بولىدۇ. دوزاخ ئەھلىنىڭ يۈزلىرى قارا، كۆزلىرى كۆك بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپكە تەئەللۇق ئادەملەر چىرايىدىكى بەلگىلەر بىلەن تونۇلىدۇ.

③ بۇلار قانداق ئادەملەر؟ بۇلارنى مۆئەييەنلەشتۈرۈشتە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت. كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇلار ياخشى ئەمەللىرى بىلەن يامان ئەمەللىرى باراۋەر بولۇپ قالغان ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرى ئۇلارنى جەننەتكە كىرىشتىن، ياخشى ئەمەللىرى جەھەننەمگە كىرىشتىن توسۇپ قويغان. ئۇلار ئاللاھ تەرەپتىن كەسكىن بىر ھۆكۈم كەلمىگۈچە بۇ ئارىلىقتا تۇرۇپ قالىدۇ.

④ بۇ يەردىكى ﴿يَطْمَعُونَ﴾ «ئۈمىد قىلىدۇ» دېگەن سۆزگە بەزى مۇپەسسىرلەر «بىلىدۇ» دەپ مەنە بەرگەن. يەنى ئۇلار پات-ئارىدا جەننەتكە كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

۞ وَإِذَا صُرِفَتْ أَبْصَٰرُهُمْ تِلْقَآءَ أَصْحَٰبِ ٱلنَّارِ قَالُواْ رَبَّنَا لَا

تَجۡعَلۡنَا مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾ وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلۡأَعۡرَافِ رِجَالٗا
يَعۡرِفُونَهُم بِسِيمَىٰهُمۡ قَالُواْ مَآ أَغۡنَىٰ عَنكُمۡ جَمۡعُكُمۡ وَمَا كُنتُمۡ
تَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٤٨﴾ أَهَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقۡسَمۡتُمۡ لَا يَنَالُهُمُ ٱللَّهُ بِرَحۡمَةٍۚ
ٱدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡكُمۡ وَلَآ أَنتُمۡ تَحۡزَنُونَ ﴿٤٩﴾ وَنَادَىٰٓ
أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ أَنۡ أَفِيضُواْ عَلَيۡنَا مِنَ ٱلۡمَآءِ أَوۡ
مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُۚ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ حَرَّمَهُمَا عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٥٠﴾

***ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دوزاخ ئەھلى تەرەپكە بۇرۇلغاندا: «ئى رەببىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ [47]. ئەئرافتىكىلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ بولۇپ قالغان، جەننەتتىمۇ ئەمەس، دوزاختىمۇ ئەمەس كىشىلەر) سىماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخىي) ئادەملەرگە: «توپلىغان پۇل ـ مېلىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار نېمىگە ئەسقاتتى؟① [48]. سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ»؟② دەپ (مۆئمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) توۋلايدۇ، (ئاندىن سېپىل ئۈستىدىكىلەرگە) «جەننەتكە كىرىڭلار، (جەننەتتە) سىلەرگە قورقۇنچ يوقتۇر ۋە قايغۇرمايسىلەر (دېيىلىدۇ) [49]. دوزاخ ئەھلى جەننەت ئەھلىگە: «سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن نەرسىلەردىن بىزگە بىر ئاز قۇيۇپ بېرىڭلار!» دەپ توۋلايدۇ، جەننەت ئەھلى ئۇلارغا (جاۋابەن): «ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان» دەيدۇ③ [50].***

① بۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، ئۇلارنى ئەئرافتىكىلەر ئۇلارنىڭ بەلگىلىرىدىن تونۇۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ توپلىغان مال ـ دۇنياسى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە بەك ئىشىنەتتى. ئۇلارغا: «بۇ نەرسىلەر سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن توسۇپ قىلىشقا يارىماپتىغۇ؟» دېيىلىدۇ.

② بۇلاردىن دۇنيادا پېقىر ـ مىسكىنلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەن مۆئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلارنى مەزكۇر مۇتەكەببىرلەر مەسخىرە قىلاتتى ھەمدە ئۇلار ھەققىدە: «ئەگەر بۇلار ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك

بەندىلىرى بولغان بولسا، دۇنيادا بۇ ھالەتتە ياشىمىغان بولاتتى» دەيتتى. يەنە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى (دۇنيادا بىزگە نېسىپ بولغاندەك) قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى بىزدەكلەرگە نېسىپ بولىدۇ دەپ دەۋا قىلاتتى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئەئرافتىكىلەر دوزاختىكىلەرگە: «توپلىغان پۇل-ماللىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى؟» دېگەن چاغدا، ئاللاھ تائالا جەننەتتىكىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلاردۇر» دەيدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بەزى مۇپەسسىرلەر، بۇ سۆزنى ئەئرافتىكىلەر دوزىخىيلارغا دەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

③ ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك يېمەك-ئىچمەكتىن ئىبارەت بۇ نېمەتلەر قىيامەت كۈنى پەقەت مۇئمىنلەرگىلا بېرىلىدۇ. 32-ئايەتتىكى ﴿ خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ ﴾ «بۇ نېمەتلەر ... ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر" دېگەن ئۇقۇم بۇ يەردە جەننەت ئەھلىنىڭ ئاغزى بىلەن تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىندى.

ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَهُمْ لَهْوًا وَلَعِبًا وَغَرَّتْهُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا ۚ فَٱلْيَوْمَ نَنسَىٰهُمْ كَمَا نَسُواْ لِقَآءَ يَوْمِهِمْ هَٰذَا وَمَا كَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا يَجْحَدُونَ ﴿٥١﴾ وَلَقَدْ جِئْنَٰهُم بِكِتَٰبٍ فَصَّلْنَٰهُ عَلَىٰ عِلْمٍ هُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٢﴾

*ئۇلار (دۇنيادا) دىنلىرىنى ئويۇن-تاماشا قىلىۋالغان، دۇنيا ھاياتى ئۇلارنى ئالداپ كەتكەن كىشىلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىشنى ئۇنتۇغانلىقى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ئوخشاش، بىزمۇ بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز (يەنى ئۇلارنى دوزاختا قالدۇرىمىز)① [51]. شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا (قۇرئاندىن ئىبارەت ساماۋى) كىتابنى ئېلىپ كەلدۇق، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى) ئىلىم ئاساسىدا تەپسىلي بايان قىلدۇق② [52].*

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا مۇشۇ خىلدىكى بەندىگە: «مەن ساڭا ئايال ۋە باللارنى ئاتا قىلمىدىممۇ؟ ساڭا مەرھەمەت قىلمىدىممۇ، ئات ۋە تۆگىلەرنى ساڭا بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ؟ سېنى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئىگە قىلمىدىممۇ ۋە سېنى باياشات تۇرمۇشتا ياشاتقۇزمىدىممۇ؟» دەيدۇ. بەندە: «راست، شۇنداق قىلدىڭ» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: «سەن ماڭا ئۇچرىشىدىغانلىقىڭغا ئىشەنمىگەنمىدىڭ؟» دەيدۇ. بەندە: «ياق (ئىشەنمىگەن ئىدىم)» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: «خۇددى سەن مېنى ئۇنتۇغاندەك، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن» دەيدۇ. (سەھىھ مۇسلىم 2968-ھەدىس)

قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ بۇ ئايىتىدىن مەلۇم بولىدىكى، دىننى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالىدىغانلار ئەسلىدە دۇنياغا ئالدانغان كىشىلەردىن بولىدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئاخىرەتنىڭ ئەندىشىسى چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار دىنغا ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەرنى قوشۇپ قويىدۇ، خالىغان نەرسىنى يوق قىلىدۇ، شۇ تەرىقىدە دىننى ئۆزگەرتىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق قىلىۋالىدۇ. شۇڭا دىنغا ئۆز تەرىپىدىن بىدئەتلەرنى قوشۇپ، ئۇنىڭغا دىننىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى ئېغىر گۇناھتۇر (بۇ ئەھلى بىدئەتنىڭ قىلمىشىدۇر). چۈنكى، بۇنىڭ بىلەن دىن ئويۇنچۇق ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ، نەتىجىدە كىشىلەر پەرز-ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

② بۇ دوزىخىيلارغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا دېدىكى، بىز مۇكەممەل ئىلىم ئاساسىدا ھەممە نەرسىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتابلارنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئەمما كىشىلەر ئۇ كىتابلاردىن پايدىلانمىسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ شورى ۋە قىسمىتىدۇر. بۇ كىتابقا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولسا ھىدايەت ۋە ئىلاھىي رەھمەتتىن بەھرىمەن بولىدى. بىز ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾ دېگەن پرىنسىپ بويىچە پەيغەمبەرلەر ۋە كىتابلارنى ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدۇق.

هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا تَأۡوِيلَهُۥۚ يَوۡمَ يَأۡتِي تَأۡوِيلُهُۥ يَقُولُ ٱلَّذِينَ نَسُوهُ

مِن قَبۡلُ قَدۡ جَآءَتۡ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلۡحَقِّ فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَآءَ
فَيَشۡفَعُواْ لَنَآ أَوۡ نُرَدُّ فَنَعۡمَلَ غَيۡرَ ٱلَّذِي كُنَّا نَعۡمَلُۚ قَدۡ خَسِرُوٓاْ
أَنفُسَهُمۡ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٥٣﴾ إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِي
خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ
يُغۡشِي ٱلَّيۡلَ ٱلنَّهَارَ يَطۡلُبُهُۥ حَثِيثٗا وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ وَٱلنُّجُومَ
مُسَخَّرَٰتِۭ بِأَمۡرِهِۦٓۗ أَلَا لَهُ ٱلۡخَلۡقُ وَٱلۡأَمۡرُۗ تَبَارَكَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٥٤﴾

ئۇلار پەقەت (كىتابىنكى ئاگاھلاندۇرۇشلار)نىڭ نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ①، ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن (قىيامەت) كۈنى، ئىلگىرى بۇ كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار: «رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى (بىزگە) راستىنلا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتماپتۇق، ئەمدى بۈگۈن) بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى بىز قىلغان ئەمەللەردىن باشقىسىنى (ياخشى ئەمەللەرنى) قىلىشىمىز ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى، ئۇلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلەر (يەنى شاپائەتچىلەر) ئۇلارنى تاشلىۋەتتى② [53]. شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان③، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىگەن④، كېچە بىلەن كۈندۈزنى يېپىپ، بىر-بىرىنى قوغلىشىدىغان⑤، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇندىغان قىلىپ ياراتقان ئاللاھتۇر. بىلىڭلاركى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر [54].

① ﴿تَأۡوِيلَ﴾-بىر نەرسىنىڭ ئەسلىي ھەقىقىتى ۋە نەتىجىسى دېمەكتۇر. يەنى ئۇلار ئىلاھىي كىتاب ئارقىلىق جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ۋە جەھەننەمدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇ دۇنيادىلا مەزكۇر ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدى. مانا ئەمدى ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئايان

بولدى.

② يەنى ئۇلار كۆتكەن نەتىجە كۆز ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ھەقنى ئېتىراپ قىلىش ياكى دۇنياغا قايتۇرۇلۇشنى ئارزۇ قىلىش ياكى بىرەر شاپائەت قىلغۇچى ئىزدەش پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرى ئۇلارغا نە ياردەم، نە شاپائەت قىلالمايدۇ، نە جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

③ بۇ ئالتە كۈن-يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرىدىن ئىبارەتتۇر. يارىتىش يەكشەنبە كۈنىدىن باشلىنىپ جۈمە كۈنىگىچە داۋاملاشقان. جۈمە كۈنى ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان. ئېتىشلارغا قارىغاندا شەنبە كۈنى ھېچنەرسە يارىتىلمىغان، شۇڭا بۇ كۈن " يَوْمُ السَّبْتِ " دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى " سَبْتٌ»نىڭ مەنىسى كېسىش ۋە ئۈزۈش دېمەكتۇر. يەنى بۇ كۈندە يارىتىلىش توختىغان.

ئۇنداقتا بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كۈندىن قايسى كۈن مەقسەت قىلىنىدۇ؟ ئەتىگەندە قۇياش چىققاندىن كېيىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدىغان دۇنيانىڭ كۈنىمۇ؟ مەسىلەن: ئاللاھ تائالا بۇ يەردە كۈنلەرنىڭ سانىنى تىلغا ئالغاندەك ياكى ھەربىر كۈنى ھازىرقى كۈنلىرىمىزنىڭ مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈنمۇ؟ مەسىلەن: ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ كۈنلىرىنىمۇ شۇنداق تىلغا ئالغان ئىدى. قارىغاندا ئىككىنچىسى ئەڭ توغرىدەك تۇرىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىر نەچچە سەۋەبى بار: بىرىنچى، ئۇ چاغدا قۇياش ۋە ئاي (پىلانىت) سېستىملىرى يوق ئىدى، بۇ سېستىمىلار ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. ئىككىنچى، بۇ ئۇستۇنكى ئالەمدە يۈز بەرگەن ئىش بولغاچقا بۇ دۇنيا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بولماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا بۇ كۈننىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياخشى بىلىدۇ. بۇ ھەقتە بىز كەسكىن بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر نەرسىنى ياراتماقچى بولسا، «بول» دېگەن بىر سۆز بىلەن ھەممە نەرسىنى يارىتالايدۇ، شۇنداق تۇرۇپ ئاللاھ تائالا ھەربىر نەرسىنى ئايرىم-ئايرىم بىر نەچچە باسقۇچقا بۆلۈپ، تەدرىجىي شەكىلدە ياراتتى. بۇنىڭ ھېكمىتىنىمۇ ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى: كىشىلەرگە ئالدىرىماي، تەمكىنلىك بىلەن، تەدرىجىي شەكىلدە ئىش قىلىشنى ئۆگىتىش، دەپ بايان قىلىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

④ ئىلگىرىكى سەلەف ئالىملىرى ﴿اسْتَوَى﴾ نى بىر نەرسىگە ئوخشاتماستىن، قانداقلىقىنى بايان قىلماستىن " عُلُوٌّ " يۇقىرى ئۆرلەش، " اِسْتِقْرَارٌ " قارار ئېلىش دېگەن مەنىدە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. يەنى ئاللاھ تائالا ئەرش ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ئۆرلىگەن ۋە قارار ئالغان زاتتۇر. لېكىن ئۇنىڭ قايسى ھالەتتە، قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بىز بىلمەيمىز، ھەم ئۇنى بىر نەرسىگە ئوخشىتالمايمىز. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازى نەئىم ئىبنى ھەمماد مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ تائالانى مەخلۇققا ئوخشاتسا، ئۇ كاپىر ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەرنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلسا، ئۇمۇ كاپىر ھېسابلىنىدۇ». (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئاللاھ تائالا ئايەتلەردە ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەرنى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەردە ئاللاھ تائالانى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەرنى بايان قىلىش ئاللاھ تائالانى مەخلۇققا ئوخشاتقان ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتلەردە ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى بۇرمىلىماستىن، بىر نەرسىگە ئوخشاتماستىن ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىپتۇر.

⑤ ﴿حَثِيثًا﴾ ـ ناھايىتى تېز دېگەن مەنىدە. دېمەك بىرى كەتسە يەنە بىرى دەرھال كېلىدۇ، يەنى كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى كەلگەن ھامان كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى دەرھال يوق بولۇپ كېتىدۇ. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى كەلگەن ھامان كۈندۈزنىڭ يورۇقلىقى دەرھال يوق بولۇپ كېتىدۇ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ.

ٱدْعُواْ رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً ۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلْمُعْتَدِينَ ﴿٥٥﴾ وَلَا تُفْسِدُواْ فِى ٱلْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَٰحِهَا وَٱدْعُوهُ خَوْفًا وَطَمَعًا ۚ إِنَّ رَحْمَتَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ مِّنَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٥٦﴾

***رەببىڭلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار، شەكسىزكى، (دۇئا قىلغاندا كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ [55]. ئاللاھ (پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن،***

*ئۈنىڭدا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى (تائەت - ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر① [56].*

① بۇ ئايەتلەردە بىرقانچە نۇقتا تەۋسىيە قىلىندى: 1. ئاللاھ تائالاغا يىلىنىپ ۋە ئاۋازنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش لازىم، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا دۇئا قىلىشقا باشلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئى كىشىلەر! مۇنداق ئۈنلۈك ئاۋازادا دۇئا قىلماڭلار، چۈنكى سىلەر گاس ياكى يىراقتىكى بىر زاتتىن تىلەۋاتمايسىلەر، سىلەر تىلەك تىلەۋاتقان ئۇ زات ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، سىلەرگە يېقىندۇر› دېدى.» (سەھىھۇل بۇخارى 6348 - ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2704 - ھەدىس) 2. دۇئادا ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، تەكەللۇپ قىلماسلىق، ئاللاھقا شەرت قويماسلىق، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە مەرتىۋىسىدىن يۇقىرى تۇرغان ھالدا دۇئا قىلماسلىق. 3. تۈزەلگەن ئىشنى بۇزۇشقا دۇئا قىلماسلىق، يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىشقا ھەسسە قوشماسلىق. 4. دىلدا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققان ھەم رەھمىتىدىن ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىش. مۇشۇ تەرىقىدە دۇئا قىلىدىغانلار مۇھسىنىن (ياخشى ئىشلارنى مۇكەممەل قىلغۇچىلار)نىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۈبھىسىزكى، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە يېقىندۇر.

وَهُوَ ٱلَّذِى يُرۡسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشۡرَۢا بَيۡنَ يَدَىۡ رَحۡمَتِهِۦۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَقَلَّتۡ
سَحَابٗا ثِقَالٗا سُقۡنَٰهُ لِبَلَدٖ مَّيِّتٖ فَأَنزَلۡنَا بِهِ ٱلۡمَآءَ فَأَخۡرَجۡنَا بِهِۦ
مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِۚ كَذَٰلِكَ نُخۡرِجُ ٱلۡمَوۡتَىٰ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ٥٧
وَٱلۡبَلَدُ ٱلطَّيِّبُ يَخۡرُجُ نَبَاتُهُۥ بِإِذۡنِ رَبِّهِۦۖ وَٱلَّذِى خَبُثَ لَا يَخۡرُجُ
إِلَّا نَكِدٗاۚ كَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَشۡكُرُونَ ٥٨

*ئاللاھ ئۆزىنىڭ رەھمىتى (بولغان يامغۇر) يېغىش ئالدىدا شاماللارنى بېشارەتچى قىلىپ ئەۋەتىدىغان زاتتۇر①، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى② كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (قاقاس) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك - تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز③، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى (قەبرىلىرىدىن) ئەنە شۇنداق چىقىرىمىز④ [57]. مۇنبەت يەرنىڭ ئۆسۈملۈكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۆئمىننىڭ مىسالىدۇر)، ناچار يەرنىڭ ئۆسۈملۈكى ناھايىتى قىيىن (ئاز ۋە ناچار) ئۈنىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر)⑤. شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز [58].*

① ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرگۈچى زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقتا يەككە-يىگانە، يارىتىش ۋە رىزىق بېرىشتىمۇ يەككە-يىگانە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىۋاتىدۇ. ﴿بُشْرًا﴾ «بېشارەتچى» بولسا «بِشْرًا»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ﴿رَحْمَتِهِ﴾ «ئۆزىنىڭ رەھمىتى» دېگەندە يامغۇر كۆزدە تۇتۇلغان. ئاللاھ يامغۇرنى ياغدۇرۇشتىن ئىلگىرى يامغۇرنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە سوغۇق شاماللارنى ئەۋەتىدۇ.

② «ئېغىر بۇلۇتلار» سۇغا لىق تولغان بۇلۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ رەڭگى، تەمى، پۇرىقى ۋە شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل مېۋىلەرنى چىقىرىمىز.

④ بىز سۇ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەندەك، ھەر خىل زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى ئۇرۇقتىن ئۆستۈرگەندەك، قىيامەت كۈنى تۇپراقتا ئايلىنىپ كەتكەن بارلىق ئىنسانلارنى تىرىلدۈرىمىز، ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئالىمىز.

⑤ يەنە مۇنداق مىسال كەلتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: «مۇنبەت يەر»نى زېرەك ئادەم، «ناچار يەر»نى دۆت ئادەم؛ ۋەز-نەسىھەت قوبۇل قىلىدىغان دىل ۋە قوبۇل قىلمايدىغان دىل؛ مۆئمىن قەلب ياكى مۇناپىق قەلب؛ پاك

ئىنسان ياكى ناپاك ئىنسان دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. دېمەك ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغان پاك، زېرەك مۇئمىن يامغۇرنى قوبۇل قىلىدىغان زېمىنغا ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ ئىمانى زىيادە بولىدۇ، ياخشى ئەمەلنى تېخىمۇ ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغان دىل شورلۇق زېمىنغا ئوخشاش بولۇپ، يامغۇرنىڭ سۈيىنى قوبۇل قىلمايدۇ، قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، بېرىدىغان مەھسۇلاتى يوق ھېسابتا، نامىدا بار، ئەمەلدە يوق بولىدۇ. بۇ مىسالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق ئىپادىلىگەن: «ئاللاھ تائالا مەن ئارقىلىق بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلىم خۇددى زېمىنغا ياغقان يامغۇرغا ئوخشايدۇ. زېمىندا بىر قىسىم مۇنبەت يەرلەر بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىشى بىلەن بۇ يەرلەردىن تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ. يەنە بىر قىسىم يەرلەر سۇ سىڭمەس بەز يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەر (ئۈستىگە) ياغقان يامغۇرنى يىغىپ ئۆزىدە ساقلايدۇ، كىشىلەر بۇ سۇدىن ئىچىدۇ. زىرائەتلەرنى سۇغىرىدۇ (ھايۋاناتلارمۇ بۇ سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ). يەنە بىر قىسىم يەرلەر شورلۇق، تېتىر يەرلەر بولۇپ بۇ يەرلەر (ئۈستىگە) ياغقان يامغۇردىن يا زىرائەت ئۈندۈرمەيدۇ ياكى سۇنى ئۆزىدە ساقلىيالمايدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل يەرنىڭ مىسالى ئاللاھنىڭ دىنىدا ئالىم بولغان ۋە ئاللاھ تائالا مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن نەرسىلەردىن پايدىلانغان، ئۆگەنگەن ۋە كىشىلەرگىمۇ ئۆگەتكەن كىشىلەرنىڭ مىسالىدۇر. ئۈچىنچىسى ئاللاھ تائالا مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئىلىمگە پىسەنت قىلمىغان ۋە ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان كىشىلەرنىڭ مىسالىدۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى 79-ھەدىس)

لَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ فَقَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم
مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ٥٩ قَالَ
ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِهِۦٓ إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ٦٠ قَالَ يَٰقَوۡمِ لَيۡسَ
بِي ضَلَٰلَةٞ وَلَٰكِنِّي رَسُولٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٦١ أُبَلِّغُكُمۡ رِسَٰلَٰتِ
رَبِّي وَأَنصَحُ لَكُمۡ وَأَعۡلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ٦٢ أَوَعَجِبۡتُمۡ أَن
جَآءَكُمۡ ذِكۡرٞ مِّن رَّبِّكُمۡ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنكُمۡ لِيُنذِرَكُمۡ وَلِتَتَّقُواْ
وَلَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ٦٣

*شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق. ئۇ: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن» دېدى [59]. قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى: «بىز سېنى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا دەپ قارايمىز» دېدى① [60]. نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەندە قىلچىلىكمۇ ئازغۇنلۇق يوقتۇر، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن [61]. سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن ئاللاھتىن (كەلگەن ۋەھيي سايىسىدا) سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن [62]. سىلەرنى (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، (قىيامەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىپ، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىن بىر كىشى ئارقىلىق رەببىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟② » [63]*

① شېرىك ئىنساننىڭ ئەقلىنى ۋە دىلىنى كور قىلىپ قويىدۇ، نەتىجىدە ئىنسانغا توغرا يول گۇمراھلىقتەك، گۇمراھلىق توغرا يولدەك كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ مۇشۇنداق دىلى كورلۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنى بىر ۋە بار دەپ ئىمان كەلتۈرۈشكە قىلغان دەۋىتى ئۇلارغا گۇمراھلىقتەك كۆرۈنەتتى (ئاللاھتىن پاناھلىق تىلەيمىز). بىر شائىر مۇنداق دېگەن: يامان ئىش تەدرىجىي ياخشى سانالدى، قۇللۇقتا قەۋملەرنىڭ دىللىرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

② نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا ئون ئەسىر ياكى ئون نەسىل (ئەۋلاد) ئۆتكەن. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بىر ئاز ئىلگىرى بارلىق ئىنسانلار توغرا دىندا كېلىۋاتاتتى، كېيىن ئۇلار بىرىنچى بولۇپ تەۋھىدتىن بۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشى كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەن ئادەملىرى ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرۇش، ئۇلارغا ئوخشاش ياخشى ئىش قىلىش ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىش مەقسىتىدە تاملارغا ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ئېسىپ قويىدى. ھەممىدە ئۇ سۈرەتلەرنى ئۇلۇغلىدى، چوڭ

بىلدى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ سۈرەتلەردىن ھەيكەللەرنى ياسىدى، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەيكەللەر ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇتلارغا ئايلاندى، كىشىلەر بۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇچۇن بۇتخانىلار ياسالدى. «ۋەددا، سۇۋا، يەئۇق، يەغۇس ۋە نەسر» دېگەنلەر مەبۇد بولدى. كىشىلەر مۇشۇنداق بىر ھالەتتە تۇرغاندا، ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا 950 يىل دەۋەت قىلدى. لېكىن ئازغىنە كىشىلەردىن باشقىسى ئىمان ئېيتمىدى. ئاخىردا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا ھەممە ئىنسانلار غەرق قىلىندى.

بۇ ئايەت بايان قىلغان نۇقتا شۇكى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۆزلىرىدىن بولغان بىر ئىنساننىڭ ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىدىن ھەيران قالدى. ئۇلار پەيغەمبەرلىك ئۇچۇن ئىنسان مۇناسىپ ئەمەس دەپ قارايتتى.

فَكَذَّبُوهُ فَأَنجَيۡنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ فِي ٱلۡفُلۡكِ وَأَغۡرَقۡنَا ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ
بِـَٔايَٰتِنَآۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمًا عَمِينَ ﴿٦٤﴾ ۞ وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمۡ هُودٗاۚ قَالَ
يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٦٥﴾ قَالَ
ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦٓ إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِي سَفَاهَةٖ وَإِنَّا
لَنَظُنُّكَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٦٦﴾

*ئۇلار يەنىلا نۇھنى يالغانغا چىقاردى. بىز نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى بولسا (سۇغا) غەرق قىلدۇق. چۈنكى، ئۇلار (دىلى) كور قەۋم ئىدى① [64]. ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق②، ھۇد: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟» دېدى [65]. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىباشلىرى: «بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز③، بىز سېنى ئەلۋەتتە يالغانچىلاردىن دەپ قارايمىز» دېدى [66].*

① يەنى ئۇلار ھەقنى كۆرمەيدىغان ۋە قوبۇل قىلمايدىغان قەۋم ئىدى.

② بۇلار دەسلەپكى ئاد قەۋمى دەپ ئاتىلىدىغان قەۋم بولۇپ، يەمەننىڭ قۇم بىلەن قورشالغان تاغلىق رايونىدا ياشايتتى، ئۇلار كۈچ-قۇۋۋەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام-ئۇشبۇ قەۋم ئىچىدىن ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدى.

③ ئاتا-بوۋىلىرى ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان بۇتلارنى تاشلاشقا ۋە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەخمەقلىق ھېسابلاندى.

قَالَ يَٰقَوْمِ لَيْسَ بِي سَفَاهَةٌ وَلَٰكِنِّي رَسُولٌ مِّن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦٧﴾
أُبَلِّغُكُمْ رِسَٰلَٰتِ رَبِّي وَأَنَا۠ لَكُمْ نَاصِحٌ أَمِينٌ ﴿٦٨﴾ أَوَعَجِبْتُمْ أَن
جَآءَكُمْ ذِكْرٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنكُمْ لِيُنذِرَكُمْ ۚ وَٱذْكُرُوٓا۟ إِذْ
جَعَلَكُمْ خُلَفَآءَ مِنۢ بَعْدِ قَوْمِ نُوحٍ وَزَادَكُمْ فِي ٱلْخَلْقِ بَصْۜطَةً ۖ
فَٱذْكُرُوٓا۟ ءَالَآءَ ٱللَّهِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٦٩﴾ قَالُوٓا۟ أَجِئْتَنَا لِنَعْبُدَ ٱللَّهَ
وَحْدَهُۥ وَنَذَرَ مَا كَانَ يَعْبُدُ ءَابَآؤُنَا فَأْتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ
مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٧٠﴾

*ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن [67]. سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن [68]. سىلەرنى (كۇفرىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىن بىر كىشى ئارقىلىق رەببىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكىنى، سىلەرنى قامەتلىك قىلغانلىقىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار①، سىلەر نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار» [69]. ئۇلار: «(ئى ھۇد!) سەن بىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى*

***تاشلاپ②، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىل بولساڭ، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى كەلتۈرۈپ باققىنا قېنى؟» دېدى③ [70].***

① يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى﴾. (سۈرە فەجر 8-ئايەت) ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ كېتىپ كۆرەڭلىگەن ھالدا: ﴿كۈچ-قۇۋۋەتتە بىزدىن ئارتۇق كىم بار؟ دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 15-ئايەت)

② ئاتا-بوۋىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش ھەر دەۋردە گۇمراھلىقنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلگەن. ئاد قەۋمىمۇ شۇنى باھانە (دەلىل) قىلىپ، شېرىكنى تاشلاشقا ۋە تەۋھىد يولىنى تاللاشقا كۆنمىدى. ئەپسۇسكى مۇسۇلمانلاردىمۇ ئىلگىرىكىلەرگە قارىغۇلارچە ئەگىشىش مەسىلىسى ئېغىردۇر.

③ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى خۇددى قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەۋھىدكە چاقىرغان چاغدا دېگەن سۆزىگە ئوخشاشتۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: ﴿ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!﴾ دېدى. (سۈرە ئەنفال 32-ئايەت) يەنى ئۇلار شېرىك ئەمەلنى قىلىۋېرىپ، شېرىككە تېخىمۇ پاتتى. ۋەھالەنكى، ئاقىلانىلىقنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۇلار: ئى ئاللاھ، ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، بىزنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، دېگەن بولسا، توغرا بولغان بولاتتى. شۇنىڭدەك ئاد قەۋمىمۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھۇد ئەلەيھىسسالامغا: «ئەگەر سېنىڭ سۆزۈڭ راست بولسا، رەببىڭگە ئېيتقىن، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈرسۇن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى.

قَالَ قَدۡ وَقَعَ عَلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡ رِجۡسٞ وَغَضَبٌۖ أَتُجَٰدِلُونَنِي
فِيٓ أَسۡمَآءٖ سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّا نَزَّلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٖۚ

فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ٧١ فَأَنجَيۡنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ
بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَقَطَعۡنَا دَابِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۖ وَمَا كَانُواْ
مُؤۡمِنِينَ ٧٢ وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمۡ صَٰلِحٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا
لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ قَدۡ جَآءَتۡكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡۖ هَٰذِهِۦ
نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمۡ ءَايَةٗۖ فَذَرُوهَا تَأۡكُلۡ فِيٓ أَرۡضِ ٱللَّهِۖ وَلَا تَمَسُّوهَا
بِسُوٓءٖ فَيَأۡخُذَكُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ٧٣

***ھۇد: «سىلەرگە چوقۇم رەببىڭلارنىڭ ئازابى① ۋە غەزىپى چۈشتى، سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار (ئىلاھ دەپ) ئاتىۋالغان، بۇ ھەقتە ئاللاھ ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن (ئاشۇ بۇتلارنىڭ) ئىسىملىرى ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟② ئۇنداقتا، سىلەر كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىرلىكتە (سىلەرگە چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن» دېدى [71]. بىز ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى (يەنى مۇئمىنلەرنى) رەھمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى③ [72]. سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)④. ئۇ: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سىلەرگە ھەقىقەتەن رەببىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلاپ) ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى، مانا بۇ ئاللاھنىڭ (تاشتىن چىقارغان) چىشى تۆگىسىمۇ سىلەر ئۈچۈن بىر مۆجىزىدۇر، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا (ئىختىيارى) ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار. بولمىسا سىلەرنى قاتتىق ئازاب ھالاك قىلىدۇ [73].***

① ﴿ رِجۡسٌ﴾نىڭ ئەسلىي مەنىسى نىجىس، مەينەت، يامان ئىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە " رِجۡزٌ " ئازاب مەنىسىدە كەلگەن ياكى ﴿ رِجۡسٌ﴾نى غەزەپ ۋە نارازىلىق مەنىسىدە دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.) تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ ئايەت ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەبۇدلىرىغا قويۇۋالغان ئىسىملارغا قارىتىلغان. مەسىلەن: سەدا، سۇمۇد، ھەبا قاتارلىق ئىسىملار. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى چوقۇنغان بەش بۇت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە سۈرە نۇھتا بايان قىلغان. ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ چوقۇنىدىغان بۇتلىرىغا ئەنە شۇنداق نامىلارنى قويۇۋالغان بولۇپ، ئۇلار: لات، ئۇززا، مەنات، ھۇبەل دەپ ئاتىلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە شېرىك ئېتىقاد ۋە ئەمەللەرگە چۆمۈپ كەتكەن قەبرىگە چوقۇنغۇچىلارمۇ ئۆز مەبۇدلىرىغا «ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى» ۋە «مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇۋالغان بولۇپ، ئۇلاردا ھېچقانداق دەلىل يوقتۇر.

③ ئاد قەۋمىگە ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران ئازابى كەلدى. بۇ ئازاب يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلمەي كېلىۋەردى، نەتىجىدە ھەممە نەرسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. ئاد قەۋمى ئۆزىنىڭ كۈچ قۇدرىتىگە بەك ئىشىنەتتى، ئاخىرى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك يېتىپ قالدى. (بۇ ھەقتە سۈرە ئەلھاققە 6-8-، سۈرە ھۇد 53-56-، سۈرە ئەھقاف 24-، 25-ئايەتلەرگە قارالسۇن)

④ سەمۇد قەۋمى ھىجاز ۋە شام ئارىلىقىدىكى بىر يۇرتتا ياشىغان ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 9-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن تەبۇككا كېتىۋاتقاندا، ئازاب چۈشۈرۈلگەن «ھىجىر» دېگەن جايدىن ئۆتكەن ئىدى، شۇ چاغدا ئۇ ساھابىلىرىگە: «سىلەر بۇ قەۋمنىڭ يۇرتىغا كىرمەكچى بولساڭلار، يىغلىغان ھالدا كىرىڭلار، ئەگەر سىلەر يىغلىمىساڭلار، ئۇلارغا كەلگەن ئازابنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۇرتىغا كىرمەڭلار!» دېدى. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن تېز ئۆتۈپ كەتتى.» (سەھىھ بۇخارى 4419-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2980-ھەدىس) يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلىگەن ھالدا كىرىڭلار.

ئاد قەۋمىدىن كېيىن سەمۇد قەۋمىگە سالىھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدى. سەمۇد قەۋمى سالىھ ئەلەيھىسسالامغا: بىزگە قورام تاشتىن بىر تۆگە چىقىرىپ كۆرسەتكىن، ئۇنى بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز، دەپ تەلەپ قىلدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا، تۆگىنىڭ چىققانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتمىسا، ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلاردىن ۋەدە ئالدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە قورام تاشتىن تۆگە چىقىرىپ بەردى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ تۆگىگە

چىقىلماسلىقنى، بولمىسا، ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. لېكىن زالىملار بۇ تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ يەر تەۋرەپ، ئۇلار تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندى. ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى.

وَٱذْكُرُوٓا۟ إِذْ جَعَلَكُمْ خُلَفَآءَ مِنۢ بَعْدِ عَادٍ وَبَوَّأَكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ تَتَّخِذُونَ مِن سُهُولِهَا قُصُورًا وَتَنْحِتُونَ ٱلْجِبَالَ بُيُوتًا ۖ فَٱذْكُرُوٓا۟ ءَالَآءَ ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿٧٤﴾

*ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئۇ ۋاقىتتا ئاللاھ سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، (ھىجر) زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىگە قەسىرلەرنى سالغان ۋە تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسىغان ئىدىڭلار①. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار»② دېدى [74].*

① بۇ ئۇلارنىڭ كۈچلۈك، قاۋۇل، ھۈنەر-سەنئەتكە ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

② يەنى ئۇ نېمەتلەرگە بىنائەن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلماڭلار، گۇناھ-مەئسىيەتكە چۆمۈپ، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلماڭلار.

قَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ لِلَّذِينَ ٱسْتُضْعِفُوا۟ لِمَنْ ءَامَنَ مِنْهُمْ أَتَعْلَمُونَ أَنَّ صَٰلِحًا مُّرْسَلٌ مِّن رَّبِّهِۦ ۚ قَالُوٓا۟ إِنَّا بِمَآ أُرْسِلَ بِهِۦ مُؤْمِنُونَ ﴿٧٥﴾ قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوٓا۟ إِنَّا بِٱلَّذِىٓ ءَامَنتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٧٦﴾ فَعَقَرُوا۟ ٱلنَّاقَةَ وَعَتَوْا۟ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِمْ وَقَالُوا۟ يَٰصَٰلِحُ ٱئْتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٧٧﴾ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُوا۟ فِى دَارِهِمْ جَٰثِمِينَ ﴿٧٨﴾ فَتَوَلَّىٰ عَنْهُمْ وَقَالَ يَٰقَوْمِ

لَقَدْ أَبْلَغْتُكُمْ رِسَالَةَ رَبِّي وَنَصَحْتُ لَكُمْ وَلَٰكِن لَّا تُحِبُّونَ
ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٧٩﴾ وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦٓ أَتَأْتُونَ ٱلْفَٰحِشَةَ مَا
سَبَقَكُم بِهَا مِنْ أَحَدٍ مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٠﴾

*ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا ـــ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇئمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە (پەيغەمبەرلىكىگە) ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز»① دېدى [75]. ھېلىقى ھاكاۋۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەننى بىز ئىنكار قىلىمىز»② دېدى [76]. ئاندىن ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، رەببىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشتىن باش تارتتى ۋە: «ئى سالىھ! ئەگەر سەن راستتىنلا پەيغەمبەرلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈرۈپ باق» دېدى [77]. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە (يەر تەۋرەش) يۈزلەندى ـ دە،③ ئۇلار (ھالاك بولۇپ) تۇرغان يېرىدە دۈم چۈشۈپ قېتىپ قالدى [78]. (ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن) سالىھ ئۇلاردىن (نائۈمىد بولۇپ) يۈز ئۆرۈدى ۋە: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن رەببىمنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايسىلەر» دېدى④ [79]. لۇتنى (سەدۇم ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق⑤، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ (بۇنداق قەبىھ ئىشنى) سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلىپ باقمىغان ئىدى [80].*

① بۇ ئايەتتە كاتتىباشلارنىڭ مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن سورىغان سوئالىغا، مۆئمىنلەر: ھەئە، بىز ئۇنى رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلىمىز، دەپ جاۋاب بەرمىدى. بەلكى «بىز ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە (پەيغەمبەرلىكىگە) ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» يەنى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىنسان تەبىئىتىدە ئەسلىدىنلا بار بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگۈچىلەرمىز، دەپ جاۋاب بەردى. چۈنكى، مۆئمىنلەرنىڭ

نەزىرىدە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر ھەقىقەت ئىدى. ئەقىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە بولغاندىمۇ، ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسە توغرۇلۇق سوئال سورىشى كېرەك ئىدى. (تەپسىر ئەلۋەسىت تەنتاۋى)

② ئۇلار بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق جاۋابنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، تەكەببۇرلۇق ۋە ئىنكار قىلىشتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى.

③ بۇ ئايەتكە ئاساسەن ئۇلارغا كەلگەن ئازاب ﴿الرَّجْفَةُ﴾ «يەرنىڭ تەۋرىگەنلىكى» بولسا، يەنە بىر ئايەتتە ﴿الصَّيْحَةُ﴾ «دەھشەتلىك ئاۋاز» دەپ كەلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلارغا ھەر ئىككى خىل ئازاب كەلگەن. ئۈستىدىن ئاۋاز، ئاستىدىن يەر تەۋرەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئازاب ئۇلارنى تامامەن ھالاك قىلغان.

④ بۇ ئۇلار ھالاك بولۇشتىن ئىلگىرىكى خىتاب بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى خىتاب بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىندۇر. بۇ خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى غازىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھالاك بولغان مۇشرىكلارنىڭ جەسەتلىرىگە قاراپ خىتاب قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

⑤ لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى، ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنى باشقا بىر شەھەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، بۇ بەيتۇلمۇقەددەس بىلەن ئىئوردانىيەنىڭ ئارىسىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، سەدۇم دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئەتراپى يېشىللىققا پۈركەنگەن يۇرت بولۇپ، ئۇ يەردە ھەر خىل زىرائەت ۋە مېۋىلەر ناھايىتى مول ئىدى. قۇرئان كەرىم بۇ يۇرتنى ﴿الْمُؤْتَفِكَةَ﴾ ۋە ﴿الْمُؤْتَفِكَاتُ﴾ «دۇم كۆمتۈرۈۋېتىلگەن شەھەر» دەپ ئاتىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام باشتا كىشىلەرنى تەۋھىدكە، يەنى ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا چاقىردى (بۇ ئەزەلدىن ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق ئورتاق دەۋىتى ئىدى، بۇنىڭ مىساللىرى يۇقىرىدا بېرىلدى)، ئاندىن شۇ قەۋمنىڭ ئىچىدە يامراپ كەتكەن ئەرلەر ئەرلەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىشتىن ئىبارەت يامان قىلمىشنىڭ قەبىھلىكىنى بايان قىلدى. لۇت قەۋمىدىن ئىلگىرى يەر يۈزىدە ھېچكىم بۇنداق گۇناھنى قىلىپ باقمىغان ئىدى، ئۇلار بۇ گۇناھنى تۇنجى قېتىم سادىر قىلغانلار

بولدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ گۇناھنىڭ ئىسمىمۇ لۇۋاتە دەپ ئاتالدى. شۇنىڭغا ئاساسەن لۇت ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن قەۋمىنى مەزكۇر جىنايەتنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋھىد دەۋىتى بۇ يەرگە ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەن ئىدى.

لۇۋاتە قىلغۇچىنىڭ جازاسى ھەققىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ جازاسى زىنانىڭ جازاسىغا ئوخشاش، يەنى ئەگەر بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچى توي قىلغان ئەر بولسا چالما-كېسەك قىلىنىدۇ، توي قىلمىغان بولسا يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار جىنايەتنى سادىر قىلغۇچى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چالما-كېسەك قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. بەزىلەر: قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە چالما-كېسەك قىلىش ۋە دەررە ئۇرۇش جازاسى بەرمەستىن، پەقەت تەزىر جازاسى (ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان يەڭگىلرەك جازا) بېرىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. (تۇھفەتۇلئەھۋەزى، 5-توم، 17-بەت)

إِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ ٱلرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ ٱلنِّسَآءِ ۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ ﴿٨١﴾ وَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓا۟ أَخْرِجُوهُم مِّن قَرْيَتِكُمْ ۖ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٨٢﴾

***سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ①، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلەپىڭلارنى قاندۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر»② [81]. لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بېرىدىغان جاۋابى: «ئۇلار (يەنى لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى)نى شەھىرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى پاك ساقلايدىغان كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى③ [82].***

① جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇش ۋە ھۇزۇر ئېلىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئاياللارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئاياللارنى

ئەرلەرنىڭ جىنسىي تەلپىنىنى قاندۇرىدىغان قىلىپ ياراتقان تۇرسا، بۇ زالىملار ھەددىدىن ئېشىپ، ئەرلەرنىڭ كەينىگە كېلىشكە باشلىدى.

② يەنى پەقەت جىنسىي تەلپىڭلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن نومۇسسىزلارچە ئەرلەرگە كېلەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار قەتئىي ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. لېكىن ھازىر غەربتىكى «ئاڭلىق» قەۋملەر توغرا تەبىئەتتىن بۇرۇلۇپ، ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماستىن، بۇ سەت ۋە قەبىھ قىلىقنى يوللۇق تەلەپ دەپ قوبۇل قىلدى. بۇ قىلمىشنى چەكلەشكە ھېچكىمنىڭ ھوقۇقى يەتمەيدىغان «ئىنسان ھەقلىرى» جۈملىسىدىن دەپ بەلگىلىدى. دېمەك ئۇ يەردە بۇ قىلمىش قانۇننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ قىلمىش ئەمدى جىنايەت دەپ قارالمايدىغان بولدى.

③ مانا بۇ لۇت ئەلەيھىسسالامنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ يەردە ئۇ قەۋمنىڭ مۆئمىنلەرنى «ئۆزلىرىنى پاك ساقلايدىغان كىشىلەر» دەپ ئاتىغانلىقى مۇنداق بىر قانچە ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس: بىرىنچى، مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن پاك بولغانلىقى ئۈچۈن. ئىككىنچى، مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق دېگەن. ئۈچىنچى، ئۇ قەۋم: لۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بۇ قىلمىشتىن ئۆزلىرىنى پاك تۇتۇشنى خالايدۇ، شۇڭا بۇلار بىز بىلەن بىر يۇرتتا ياشىمىسۇن، دەپ شۇنداق ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

فَأَنجَيۡنَـٰهُ وَأَهۡلَهُۥٓ إِلَّا ٱمۡرَأَتَهُۥ كَانَتۡ مِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿٨٣﴾ وَأَمۡطَرۡنَا عَلَيۡهِم مَّطَرٗاۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٨٤﴾

***لۇتنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە (ئۇنىڭ قەۋمىگە چۈشكەن ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق، پەقەت ئايالىنىلا قۇتقۇزمىدۇق. ئۇ (شەھەردە) قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولدى① [83]. ئۇلارغا بىر تۈرلۈك يامغۇر② (يەنى ساپال تاش) ياغدۇردۇق، گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن③ [84].***

① يەنى ئۇنىڭ ئايالى ئاللاھنىڭ ئازابىغا قالىدىغانلار بىلەن بىللە قالدى، چۈنكى ئۇمۇ مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى، ئۇ گۇناھكارلار بىلەن

ھەمكارلىشاتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر «ئۇ ھالاك بولغۇچىلار جۈملىسىدىن ئىدى» دەپ تەپسىر قىلغان، لېكىن ئۇ بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى يۇقىرىدىكىدەكتۇر.

② بۇ «بىر تۈرلۈك يامغۇر» قانداق ئالاھىدە يامغۇر ئىدى؟ ئۇ ساپال تاشلار ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ زادى قانداق يامغۇر ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلدى: ﴿بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىر ئۈستى-ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى﴾. (سۈرە ھۇد 82-ئايەت)

③ يەنى ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى ئاشكارا قىلىشقا پېتىنغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمىگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

وَإِلَىٰ مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ
إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥۖ قَدْ جَآءَتْكُم بَيِّنَةٌ مِّن رَّبِّكُمْۖ فَأَوْفُوا۟ ٱلْكَيْلَ
وَٱلْمِيزَانَ وَلَا تَبْخَسُوا۟ ٱلنَّاسَ أَشْيَآءَهُمْ وَلَا تُفْسِدُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ
بَعْدَ إِصْلَٰحِهَاۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٨٥﴾ وَلَا
تَقْعُدُوا۟ بِكُلِّ صِرَٰطٍ تُوعِدُونَ وَتَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ مَنْ
ءَامَنَ بِهِۦ وَتَبْغُونَهَا عِوَجًاۚ وَٱذْكُرُوٓا۟ إِذْ كُنتُمْ قَلِيلًا فَكَثَّرَكُمْۖ
وَٱنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٨٦﴾ وَإِن كَانَ طَآئِفَةٌ مِّنكُمْ
ءَامَنُوا۟ بِٱلَّذِىٓ أُرْسِلْتُ بِهِۦ وَطَآئِفَةٌ لَّمْ يُؤْمِنُوا۟ فَٱصْبِرُوا۟ حَتَّىٰ
يَحْكُمَ ٱللَّهُ بَيْنَنَاۚ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿٨٧﴾

*مەديەن (خەلقى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق①، ئۇ (ئۆز قەۋمىگە) ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر.*

*سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن (مېنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا ئىشلىتىڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار③. (ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) زېمىننى ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە (گۇناھلار قىلىپ) بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، شۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر [85]. سىلەر (كىشىلەرگە) تەھدىت سېلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلىگەن ھالدا ھەربىر يولدا ئولتۇرماڭلار③. ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئەينى ۋاقىتتا سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتتى (شۇنىڭ بىلەن كۆپەيدىڭلار). بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار [86]. ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، ئاللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر كۈتۈڭلار (سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار)④. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» [87].*

① مەديەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ ئىسمى ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قەبىلىنىڭ ئىسمى ۋە ئۇلار تۇرغان جاينىڭ ئىسمىمۇ مەديەن دەپ ئاتالدى. دېمەك، مەديەن ھەم قەبىلە ھەم يۇرتنىڭ نامىدۇر. بۇ يۇرت ھىجازنىڭ يولىدىكى «مەئان» دېگەن يەرگە يېقىن ئىدى. ئۇ جاينى قۇرئان كەرىم يەنە بىر ئايەتتە " أَصْحَابُ الأَيْكَةِ " «دەرەخزارلىقتا ياشايدىغانلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يۇرتتىكى كىشىلەرگە شۇئەيب ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. (سۈرە شۇئەرا 176-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

ئەسكەرتىش: قۇرئاندا ھەر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنىڭ قېرىندىشى دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇ پەيغەمبەرنىڭ شۇ قەۋم ۋە قەبىلىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇقتا بەزى ئايەتلەردە «بىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق» ياكى «ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىپادىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنى بىلدۈرىدۇكى، پەيغەمبەر ۋە رەسۇل ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن بولغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى توغرا

يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن تالاليدۇ، ئۇنىڭغا ۋەھيي ئارقىلىق كىتابلارنى ۋە ئەھكاملارنى نازىل قىلىدۇ.

② شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەۋج ئالغان ئۆلچەم ۋە تارازىدا خىيانەت قىلىش قىلمىشىنى چەكلىدى. ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادىل بولۇشقا، تولۇق ئۆلچەپ بېرىشكە بۇيرىدى. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىللەت بولۇپ، قانداق مىللەتتە بۇ خىل ئىللەت بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ نەقەدەر چىرىكلىشىپ ۋە پەسكەشلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پۇلنى تولۇق ئېلىپ، مالنى كەم بېرىش ئەڭ ئېغىر خىيانەتتۇر. شۇڭا سۈرە مۇتەففىفىندە بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

③ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يولىدىن يوچۇق ئىزدەش ھەر دەۋردە ياشىغان ئىتائەتسىز كىشىلەرنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭ مىسالى بۈگۈنكى غەربلىشىپ كەتكەن مودېرنىزمچىلارنىڭ قىلمىشلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. (ئاللاھ بىزنى ئۇلاردىن ساقلىسۇن) ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئايەتتە يولدا ئولتۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئىللىتى بايان قىلىنغان. يەنى كىشىلەرنى بىئارام قىلىش ئۈچۈن يوللاردا ئولتۇرۇش لۈكچەكلەرنىڭ ئادىتىدۇر.

بۇ ئايەت يەنە كىشىلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى بۇلاش ئۈچۈن يوللاردا ئولتۇرۇشنىمۇ چەكلىدى. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار كىشىلەردىن زورلۇق بىلەن جەرىمانە ۋە يول ھەققى ئېلىش ئۈچۈن يوللاردا ئولتۇراتتى. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلار ھەممە ئىشنى قىلاتتى.» (فەتھۇلقەدىر)

④ بۇ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشتا سەۋر قىلىشقا كەلگەن بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى بۇ بىر قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەھلى ھەقنىڭ ئەھلى باتىل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى ھۆكۈم قىلىدۇ. يەنى مۇئمىنلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿سىلەرمۇ (ئۆزۈڭلارغا كەلگەننى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (ئۆزىمىزگە كەلگەننى) كۈتەيلى﴾. (سۈرە تەۋبە 52-ئايەت)

۞ قَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ لَنُخْرِجَنَّكَ يَٰشُعَيْبُ
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَكَ مِن قَرْيَتِنَآ أَوْ لَتَعُودُنَّ فِى مِلَّتِنَا ۚ قَالَ أَوَلَوْ
كُنَّا كَٰرِهِينَ ﴿٨٨﴾ قَدِ ٱفْتَرَيْنَا عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا إِنْ عُدْنَا فِى مِلَّتِكُم
بَعْدَ إِذْ نَجَّىٰنَا ٱللَّهُ مِنْهَا ۚ وَمَا يَكُونُ لَنَآ أَن نَّعُودَ فِيهَآ إِلَّآ أَن
يَشَآءَ ٱللَّهُ رَبُّنَا ۚ وَسِعَ رَبُّنَا كُلَّ شَىْءٍ عِلْمًا ۚ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلْنَا ۚ رَبَّنَا
ٱفْتَحْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمِنَا بِٱلْحَقِّ وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْفَٰتِحِينَ ﴿٨٩﴾

***شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر كاتتىباشلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى سىلەر چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك»① دېدى. شۇئەيب: «بىز (بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى) يامان كۆرىدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟)»② دېدى [88]. (شۇئەيب يەنە ئېيتتى) «ئاللاھ بىزنى دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا قايتساق③، ئەلۋەتتە، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان بولىمىز. بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ھەرگىزمۇ قايتمايمىز، ئەمما پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ شۇنداق تەقدىر قىلغان بولسا (بۇ باشقا گەپ)④. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدۇق (يەنى ھەممە ئىشىمىزنى ئاللاھقا تاپشۇرىمىز)⑤. ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىز ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسەن⑥» [89].***

① بۇنىڭدىن ئۇ كاتتىباشلارنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە سەركەشلىكتە قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. ئۇلار ئىمان ۋە تەۋھىد دەۋىتىنى رەت قىلىپلا قالماستىن يەنە ھەددىدىن ئېشىپ، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە: ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ دىنىغا قايتىڭلار، بولمىسا بىز سىلەرنى بۇ شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، دەپ تەھدىت سالدى. كاتتىباشلارنىڭ مۇئمىنلەرنى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى

دىنىغا قايتىشنى تەلەپ قىلىشنى چۈشۈنۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار كۇفرنى تاشلاپ ئىماننى تاللىغان ئىدى. ئەمما شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا-بوۋىلارنىڭ دىنىغا قايتىشقا دەۋەت قىلىشى غەلىتە بىر ئىش. بەلكىم بۇ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام كاتتىباشلارنى تەۋھىدكە چاقىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن دىنداش دەپ قارىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئەمما ھەقىقەتتە ئۇنداق بولماسلىقى ياكى كۆپ سانلىقنىڭ قاتارىدا شۇنداق دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

② بۇ بار دەپ مۆلچەرلەنگەن سوئالنىڭ جاۋابى بولۇپ، ﴿أَوَلَوْ﴾دىكى «ھەمزە» ئىنكارنى، «ۋاۋ» ھالەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. يەنى سىلەر بىزنى دىنىڭلارغا قايتۇرماقچىمۇ ياكى شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقارماقچىمۇ؟ ھالبۇكى، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتىشنىمۇ ۋە بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىشنىمۇ يامان كۆرىدىغان تۇرساق؟ دېمەك سىلەرنىڭ بىزنى بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇرلىشىڭلار توغرا ئەمەس.

③ يەنى ئاللاھ تائالا بىزنى ئاتا-بوۋىلارنىڭ دىنىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئەگەر بىز ئۇ دىنغا يەنە قايتساق، ئۇ چاغدا بىز ئىمان ۋە تەۋھىد دەۋىتىنى تاشلاپ، ئاللاھ نامىدىن چوڭ بىر يالغاننى توقۇغان بولىمىز. دېمەك، بىزنىڭ دىنىدىن قايتىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، قايتمايمىز.

④ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن ئىشنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىغا تاپشۇردى. يەنى ئەمدى بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن كۇفرى تەرەپكە ھەرگىز قايتمايمىز. ئەگەر ئاللاھ شۇنداق ئىرادە قىلغان بولسا، بۇ باشقا گەپ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ رەددىيە ئىبارىسى خۇددى «تۆگىنىڭ يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتۈشى مۇمكىن بولمىغاندەك» بىزنىڭ دىنىدىن قايتىشىمىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

⑤ بىز رەببىمىز ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدۇق. ئۇ بىزنى ئىماندا مۇستەھكەم قىلىدۇ. بىزنى كۇفرىدىن ۋە كۇفرى ئەھلىدىن ساقلايدۇ. بىزگە نېمەتلىرىنى كۆپلەپ ئاتا قىلىدۇ. بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ.

⑥ قاچانكى ئاللاھ تائالا ھۆكۈم چىقارسا، بولىدىغان ئىش شۇكى، ئۇ مۇئمىنلەرنى ئۆز ھىمايىسىدە ساقلاپ، ئىنكارچىلار ۋە مۇتەكەببىرلەرنى ھالاك قىلىدۇ. بۇ ئىبارە ئاللاھتىن ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

وَقَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ لَئِنِ ٱتَّبَعْتُمْ شُعَيْبًا إِنَّكُمْ
إِذًا لَّخَٰسِرُونَ ﴿٩٠﴾ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُوا۟ فِى دَارِهِمْ جَٰثِمِينَ ﴿٩١﴾

***ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاتتىباشلىرى: «ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئۇ چاغدا چوقۇم زىيان تارتىسىلەر» دېدى① [90]. (شۇنىڭدىن كېيىن) ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى② [91].***

① ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى تاشلاش ۋە ئۆلچەمدە تولۇق بېرىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زىيان ئىدى. ھالبۇكى، ھەر ئىككى ئىشتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنلا پايدا بار ئىدى. ئادەتتە دۇنيانى كۆزلەيدىغانلارنىڭ نەزىرىدە ئۆلچەمدە قەستەن كەم بېرىش ئارقىلىق ئېرىشكەن تېز پايدا (دۇنيادا تېز قولغا كەلگەن پايدا) ھەممىدىن ئەۋزەل ئىدى. ئۇلارنىڭ، مۆئمىنلەرگە ئوخشاش ئاخىرەتتىكى (كېيىن قولغا كېلىدىغان) پايدىنى دەپ، نەخ پايدىنى قانداقمۇ تاشلىغۇسى كەلسۇن؟

② بۇ ئايەتتە ئۇلارغا ﴿ الرَّجْفَةُ ﴾ «زىلزىلە يۈزلەندى» دېيىلگەن بولسا، سۈرە ھۇدنىڭ 94-ئايىتىدە ﴿ الصَّيْحَةَ ﴾ «قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى» دەپ كەلگەن. سۈرە شۇئەرانىڭ 189-ئايىتىدە ﴿الظُّلَّةِ﴾ «ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى» دېيىلگەن. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا ئۈچ خىل ئازابنىڭ ھەممىسى كەلگەن. يەنى ئۇلارغا سايىلىك كۈندە ئازاب كەلگەن. باشتا ئىچىدە ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرى، يالقۇنلىرى ۋە كۆچلۈك تەپتى بولغان بىر بۇلۇت ئۇلارغا سايە تاشلىغان. ئاندىن ئاسمان تەرەپتىن قاتتىق ئاۋاز كەلگەن، دەل شۇ ۋاقىتتا يەر ئاستىدىن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جانلىرى تەنلىرىدىن جۇدا بولغان، بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ئۆلۈك قۇشلاردەك ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى دۈم ياتقان ھالدا قېتىپلا قالغان.

ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ شُعَيْبًا كَأَن لَّمْ يَغْنَوْا۟ فِيهَا ۚ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ شُعَيْبًا

كَانُواْ هُمُ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٩٢﴾ فَتَوَلَّىٰ عَنۡهُمۡ وَقَالَ يَٰقَوۡمِ لَقَدۡ أَبۡلَغۡتُكُمۡ رِسَٰلَٰتِ رَبِّي وَنَصَحۡتُ لَكُمۡۖ فَكَيۡفَ ءَاسَىٰ عَلَىٰ قَوۡمٖ كَٰفِرِينَ ﴿٩٣﴾ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّبِيٍّ إِلَّآ أَخَذۡنَآ أَهۡلَهَا بِٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ لَعَلَّهُمۡ يَضَّرَّعُونَ ﴿٩٤﴾ ثُمَّ بَدَّلۡنَا مَكَانَ ٱلسَّيِّئَةِ ٱلۡحَسَنَةَ حَتَّىٰ عَفَواْ وَّقَالُواْ قَدۡ مَسَّ ءَابَآءَنَا ٱلضَّرَّآءُ وَٱلسَّرَّآءُ فَأَخَذۡنَٰهُم بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٩٥﴾

*شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار (ھالاك بولۇپ) گويا بۇ يەردە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى①. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى② [92]. شۇئەيب ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۇم ۋە نەسىھەت قىلدىم، مەن قانداقمۇ كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇراي!» دېدى③ [93]. بىز قايسىلا شەھەرگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق (شەھەر ئەھلى ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا)، ئۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى (ئىمانغا كېلىپ) ئاللاھقا يالۋۇرسۇن دەپ، نامراتلىققا، كېسەللىككە گىرىپتار قىلدۇق④ [94]. ئاندىن (ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن) بۇ كۆلپەتنى نېمەتكە ئايلاندۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (مال ـ دۇنيا ۋە پەرزەنت جەھەتتىن) كۆپەيدى. ئۇلار: «بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغىمۇ شۇنداق كۆلپەتلەر، نېمەتلەر كەلگەن ئىدى (بۇ ـ زامانىنىڭ ئادىتى؛ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئوقۇبەت ئەمەس)»⑤ دېدى (يەنى ئىبرەت ئالمىدى ۋە ئىمان ئېيتمىدى). شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت ھالاك قىلدۇق [95].*

① يەنى ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كېلىشى بىلەنلا خۇددى ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغان يۇرتلاردا ياشىمىغاندەك بولۇپ قالدى.

② يەنى پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ئەمەس بەلكى ھېلىقى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلار زىيان ئىچىدە قالدى، ئۇلار ھەر ئىككى

دۇنيادا زىيان تارتتى. دۇنيادىمۇ خارلىق ئازابىنى تېتىدى، ئاخىرەتتىمۇ ئۇلارغا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە قاتتىق ئازاب تەييارلانغاندۇر.

③ يەنى ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كېلىپ ھالاك بولغاندىن كېيىن، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ شۇ سۆزلەرنى قىلدى. يەنى مەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولدۇم، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدۇم، شۇنداق قىلسامۇ، كۇفرى ۋە شېرىكتە چىڭ تۇرۇۋالغان كىشىلەرگە مەن قانداقمۇ قايغۇراي!

④ ﴿الْبَأْسَآءِ﴾ دېگەن ئىنساننىڭ بەدىنىگە يېتىدىغان ئەرزىيەت يەنى كېسەللىكنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الضَّرَّآءِ﴾ دېگەن نامراتلىق، كەمبەغەللىك، يوقسۇزلۇقنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىز قايسىبىر شەھەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق، ئۇ شەھەر ئەھلى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان بولسا، بىز ئۇلارنىڭ ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى نامراتلىق ۋە كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىش بىلەن سىنىدۇق.

⑤ نامراتلىق ۋە كېسەللىك كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلاردا ئاللاھ تەرەپكە قايتىش تۇيغۇسى پەيدا بولمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۇلاردىكى كېسەللىكنى ساقلىقا، يوقسۇللۇقنى باياشاتلىققا ئايلاندۇرۇپ بەردۇق. لېكىن ئۇلاردا يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇلار: بۇ دېگەن بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بەزىدە خاپىلىق، بەزىدە خۇشاللىق، بەزىدە كېسەللىك، بەزىدە ساقلىق، بەزىدە يوقسۇزلۇق ۋە بەزىدە پاراۋانلىق بولۇپ تۇرىدۇ، دېدى. ئۇلارغا نە يوقسۇللۇقتىن باياشاتلىققا ئېرىشىش تەسىر قىلمىدى، نە ئېرىشكەن خۇشاللىقنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا پايدىسى بولمىدى. ئۇلار بۇ ئۆزگىرىشلەرنى تەبىئىي ئاپەت ۋە تەلەيسىزلىك دەپ قارىدى، بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولدى.

مۇشۇ نۇقتىدىن ھەدىستە مۆئمىنلەرنىڭ خۇشاللىقا ۋە كۆلپەتكە يولۇققان چاغدا تۇتقان يولى كاپىرلارنىڭكىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆئمىننىڭ ئىشى كىشىنى ئولىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قانداقلىكى بىر ئىشنى ھۆكۈم قىلسا، ئۇ مۆئمىن ئۈچۈن ياخشىلىق

ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا خۇشاللىق كەلسە، شۈكۈر ئېيتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر كۆلپەت يەتسە، سەۋر قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر». (سەھىھ مۇسلىم 2999 ـ ھەدىس)

وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ ٱلْقُرَىٰٓ ءَامَنُوا۟ وَٱتَّقَوْا۟ لَفَتَحْنَا عَلَيْهِم بَرَكَٰتٍ مِّنَ
ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ وَلَٰكِن كَذَّبُوا۟ فَأَخَذْنَٰهُم بِمَا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿٩٦﴾
أَفَأَمِنَ أَهْلُ ٱلْقُرَىٰٓ أَن يَأْتِيَهُم بَأْسُنَا بَيَٰتًا وَهُمْ نَآئِمُونَ ﴿٩٧﴾
أَوَأَمِنَ أَهْلُ ٱلْقُرَىٰٓ أَن يَأْتِيَهُم بَأْسُنَا ضُحًى وَهُمْ يَلْعَبُونَ ﴿٩٨﴾
أَفَأَمِنُوا۟ مَكْرَ ٱللَّهِ ۚ فَلَا يَأْمَنُ مَكْرَ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٩٩﴾

*ئەگەر (پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىننىڭ بەرىكەت (دەرۋازى)لىرىنى ئېچىپ بېرەتتۇق. لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق [96]. (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقاندا (تۇيۇقسىز) كېلىشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇ؟ [97]. شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چۈش ۋاقتىدا ـ ئۇلار ئويناپ تۇرغاندا (تۇيۇقسىز) كېلىشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇ؟ [98]. ئۇلار ئاللاھنىڭ مەكرى (تەدبىرى)دىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا ئاللاھنىڭ جازا كۆرىشىدىن) خاتىرجەم بولالامدۇ؟ زىيان تارتقۇچى قەۋمدىن باشقا ھېچكىم ئاللاھنىڭ مەكرىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ① [99].*

① بۇ ئايەتلەرنىڭ بېشىدا بايان قىلىنىدىكى، ھەر قانداق بىر شەھەر ئاھالىسى ئىمان ئېيتىپ، تەقۋادارلىق يولىنى تۇتسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاسمان ۋە زېمىندىكى بەرىكەتلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ، يەنى ئېھتىياجىغا قاراپ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، بۇ يامغۇر سۈيى بىلەن زېمىندىن كۆپ ھوسۇل چىقىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار خۇشاللىق ۋە

پاراۋانلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىپ، كۇفرى يولىنى تاللىغان قەۋم ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولىدۇ، ئاندىن تۇيۇقسىزلا كېچە ياكى كۈندۈزنىڭ قايسىبىر سائىتىدە ئازاب كېلىپ، غەپلەتتە ئويناپ-كۈلۈپ يۈرگەن شەھەر ئاھالىسىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ھالاك قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ تۇيۇقسىز تۇرغاندا جازالىشىدىن قورقۇپ تۇرۇش لازىم. قورقماي غەپلەتتە تۇرۇشنىڭ نەتىجىسى زىيانكارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. («ئاللاھنىڭ مەكرى» دېگەننىڭ مەنىسىنى تەپسىلىي بىلىش ئۈچۈن سۈرە ئال ئىمران 54-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

أَوَلَمۡ يَهۡدِ لِلَّذِينَ يَرِثُونَ ٱلۡأَرۡضَ مِنۢ بَعۡدِ أَهۡلِهَآ أَن لَّوۡ نَشَآءُ أَصَبۡنَٰهُم بِذُنُوبِهِمۡۚ وَنَطۡبَعُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ ﴿١٠٠﴾ تِلۡكَ ٱلۡقُرَىٰ نَقُصُّ عَلَيۡكَ مِنۡ أَنۢبَآئِهَاۚ وَلَقَدۡ جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْ بِمَا كَذَّبُواْ مِن قَبۡلُۚ كَذَٰلِكَ يَطۡبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٠١﴾

***زېمىنغا ئىلگىرىكى ئىگىلىرى (ھالاك بولغان)دىن كېيىن، (زېمىنغا) ۋارىس بولغۇچىلارنى، خالىساق، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىدىغانلىقىمىز، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىدىغانلىقىمىز ئۇلارغا (يەنى زېمىنغا ۋارىس بولغۇچىلارغا) ئايان بولمىدىمۇ؟ (نەتىجىدە) ئۇلار (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ① [100]. ئاشۇ شەھەرلەر (ئاھالىسى)نىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ھېكايە قىلىپ بېرىمىز، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلگەن ئىدى②، ئۇلار ئىلگىرى (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن (ئۇ مۆجىزىلەرگە) ئىمان ئېيتمىدى③. ئاللاھ كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيدۇ [101].***

① يەنى گۇناھنىڭ نەتىجىسىدە پەقەت ئازابلا كەلمەيدۇ، بەلكى

دىللارنىڭ پېچەتلىنىپ كېتىشىمۇ بىر خىل ئازابتۇر، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارغا ھەرقانچە ئىبرەت ئازابلار كەلسىمۇ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنالمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا ئايەتلىرىدە بايان قىلغاندەك بۇ ئايەتتىمۇ ئىككى ئۇقۇمنى بايان قىلىۋاتىدۇ. بىرىنچىسى، بىز گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئىلگىرىكى قەۋملەرنى ھالاك قىلغاندەك، ئەگەر خالىساق، سىلەرنىمۇ قىلمىشىڭلار تۈپەيلى ھالاك قىلىۋېتىمىز. ئىككىنچىسى، گۇناھنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا پېچەت سېلىنىدۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش پايدا قىلمايدۇ. بۇ ئايەتتە «ھىدايەت» دېگەن سۆز ئايان بولۇش دېگەن مەنىدە كەلگەن. شۇڭا كېيىن كەلگەن «ل» بىلەن ئۆتۈملۈك پېئىلگە ئۆزگەرگەن. ﴿أَوَلَمْ يَهْدِ لِلَّذِينَ﴾ «ئۇلارغا ئايان بولمىدىمۇ؟»

② يەنى يۇقىرىدىكى بەتلەردە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ﴿الْبَيِّنَاتِ﴾ دېگەندە دەلىل-ئىسپاتلار ھەم مۆجىزىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىكى مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق دەلىل-ئىسپات ھازىرلىماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ھالاك قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلىشتۇر. سۈرە ئىسرانىڭ 15-ئايىتىدە كەلگەندەك ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچكىمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾.

③ بۇنىڭ ئىككى مەنىسى بار: بىرىنچىسى، ئەلمىساق كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن ئەھدە ئالغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدىغانلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلگەندە ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەقدىرىدە ئىمان ئېيتىش يېزىلمىغان ئىدى، بۇنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئىلمىگە ئاساسەن يازغان ئىدى. بۇ نۇقتا ھەدىستە «ھەر قانداق ئىنسان ئۆزى يارىتىلغان نەرسىگە قولاي بولىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 4949-ھەدىس) دەپ بايان قىلىنغان. ئىككىنچىسى، ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئىلگىرى (يەنى ئەلمىساق كۈنى) ھەقنى ئىنكار قىلىپ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئىمان ئېيتمىدى. دېمەك ئۇلارنىڭ دەسلەپتە ھەقنى ئىنكار قىلغانلىق گۇناھى ئەمدىلىكتە ئىمان ئېيتماسلىقىغا سەۋەب بولدى، ئىمان ئېيتىشقا مۇۋەپپەق بولۇشتىن مەھرۇم قالدى، بۇ ئالدىنقى ئايەتتە «دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز» دەپ ئىپادىلەندى. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى

مۆئمىنلەر!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر كەلسە، ئۇلار ئېھتىمال ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش)تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)﴾. (سۈرە ئەنئام 109 ـ 110 ـ ئايەتلەر)

وَمَا وَجَدۡنَا لِأَكۡثَرِهِم مِّنۡ عَهۡدٖۖ وَإِن وَجَدۡنَآ أَكۡثَرَهُمۡ لَفَٰسِقِينَ ﴿١٠٢﴾
ثُمَّ بَعَثۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِم مُّوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَظَلَمُواْ
بِهَاۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿١٠٣﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰفِرۡعَوۡنُ
إِنِّي رَسُولٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠٤﴾ حَقِيقٌ عَلَىٰٓ أَن لَّآ أَقُولَ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا
ٱلۡحَقَّۚ قَدۡ جِئۡتُكُم بِبَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ فَأَرۡسِلۡ مَعِيَ بَنِيٓ
إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿١٠٥﴾

*ئۇلارنىڭ تولىسىدا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش دېگەننى كۆرمىدۇق①، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچى) پاسىقلار ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق [102]. ئاندىن ئۇلاردىن (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن) كېيىن، مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن، (مىسىرنىڭ مۇسا زامانىدىكى پادىشاھى) پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ ئەمىر ـ ئۆمەرالىرىغا ئەۋەتتۇق②. ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى، بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن③ [103]. مۇسا ئېيتتى: «ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن [104]. ئاللاھ نامىدىن پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىشقا ھەقلىقمەن. مەن راستىنلا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) بىر مۆجىزە (دەلىل) ئېلىپ كەلدىم④. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن (بىللە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى مۇقەددەس زېمىنغا) كەتكىلى قويغىن»⑤ [105].*

① بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى «ۋەدە» دېگەندىن روزىمىساقتا (يەنى روھ ئالەمدە) ئېلىنغان ئەلەستۇ ئەھدىسى (بۇ سۆزنىڭ

172 ـ ئايىتىنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن) مەقسەت قىلىنغان، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەر مۆجىزە كەلتۈرسەڭ، بىز سېنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىڭگە ئىشىنىمىز دەپ بەرگەن ئەھدىلىرى مەقسەت قىلىنغان دېسە، يەنە بەزىلەر بۇنىڭدىن ئادەتتە ئۇلار ئۆزئارا قىلىشقان ئومۇمىي ئەھدە مەقسەت قىلىنغان، دەپ قارايدۇ. بۇ مەيلى قايسى تۈردىكى ئەھدە بولسۇن، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىش پاسىقلىقتۇر.

② بۇ يەردىن باشلاپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن كېيىن كەلگەن بۈيۈك ئىرادىلىك پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ زامانىسىدىكى مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئوچۇق پاكىت ھەم مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتىلگەن ئىدى.

③ يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قانداق غەرق قىلىنغانلىقىغا قارىغىن. تەپسىلاتى تۆۋەندە كېلىدۇ.

④ يەنى مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئەلچى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان ۋە بۇنىڭغا روشەن دەلىل بولىدىغان بىر مۆجىزىنى ئېلىپ كەلدىم. (بۇ مۆجىزە ۋە دەلىللەر تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ)

⑤ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەسلىي يۇرتى شام زېمىنى بولۇپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مىسىرغا كۆچۈپ كەتكەن ۋە شۇ يەرگە يەرلىشىپ قالغان ئىدى. كېيىن پىرئەۋن ئۇلارنى قۇل قىلىۋالغان، ئۇلارغا ھەر خىل زۇلۇملارنى سالغان ئىدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە بەقەرەدە بايان قىلىنىپ بولدى، كېيىنكى سۈرىلەردىمۇ بايان قىلىنىدۇ. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى ئەمىرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىرئەۋندىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئازات قىلىۋېتىشنى سورىدى. يەنى ئۇلارنى قويۇپ بەرگىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يۇرتىغا كەتسۇن، ئۇ يەردە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ياشاپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلسۇن، دېدى.

قَالَ إِن كُنتَ جِئْتَ بِـَٔايَةٍ فَأْتِ بِهَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٠٦﴾

فَأَلْقَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعْبَانٌ مُّبِينٌ ﴿١٠٧﴾ وَنَزَعَ يَدَهُۥ فَإِذَا هِيَ
بَيْضَآءُ لِلنَّٰظِرِينَ ﴿١٠٨﴾ قَالَ ٱلْمَلَأُ مِن قَوْمِ فِرْعَوْنَ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٌ
عَلِيمٌ ﴿١٠٩﴾ يُرِيدُ أَن يُخْرِجَكُم مِّنْ أَرْضِكُمْ فَمَاذَا تَأْمُرُونَ ﴿١١٠﴾
قَالُوٓا۟ أَرْجِهْ وَأَخَاهُ وَأَرْسِلْ فِى ٱلْمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿١١١﴾ يَأْتُوكَ بِكُلِّ
سَٰحِرٍ عَلِيمٍ ﴿١١٢﴾

*پىرئەۋن (مۇساغا): «ئەگەر سەن رەببىڭ تەرىپىدىن) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ گېپىڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، قېنى ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن» دېدى [106]. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋېدى، ئۇ شۇ ھامان ئېنىق بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى [107]. قولىنى (قوينىدىن) چىقىرىۋېدى، ئۇ شۇ ھامان قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقنىتىپ تۇرغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى① [108]. پىرئەۋن قەۋمىدىن بولغان كاتتىباشلار ئېيتتى: «بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن② [109]. ئۇ سىلەرنى زېمىنىڭلار (يەنى مىسىر زېمىنى)دىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى». (پىرئەۋن ئېيتتىكى) «ئۇنداقتا، نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» [110] ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (ھارۇننى)نى بىر ئاز ساقلاتقىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتكىن [111]. ئۇلار بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلسۇن»③ [112].*

① يەنى ئۆزىنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئىككى چوڭ مۆجىزىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى.

② پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ، ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى سېھىرگەرگە چىقىرىپ، پىرئەۋنگە: بۇ ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن، ئۇنىڭ مەقستى سېنىڭ ھاكىمىيىتىڭنى ئاغدۇرىۋېتىش ئىكەن، دېدى. چۈنكى، ئۇ زاماندا سېھىرگەرلىك تازا تەرەققىي قىلغان ھەم ئومۇملاشقان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىنساننىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى بولماستىن، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا يۈز بېرىدىغان مۆجىزىلەرنىمۇ سېھىر دەپ چۈشەندى. بۇمۇ پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ئۈچۈن پىرئەۋننى ئالداپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى

تۇرغۇزۇشىغا باھانە ۋە پۇرسەت بولدى.

③ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا سېھرگەرلىك تازا ئەۋجىگە چىققان ئىدى. شۇڭا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرنىمۇ سېھىر دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا سېھىر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى تۈزدى. مەسىلەن، يەنە بىر ئايەتتە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى مۇنداق دېدى: ﴿«بىزمۇ ساڭا شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىزگە ئۆزئارا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى». مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر چاشكاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن»﴾. (سۈرە تاھا 58-، 59-ئايەتلەر)

وَجَآءَ ٱلسَّحَرَةُ فِرۡعَوۡنَ قَالُوٓاْ إِنَّ لَنَا لَأَجۡرًا إِن كُنَّا نَحۡنُ ٱلۡغَٰلِبِينَ ﴿١١٣﴾ قَالَ نَعَمۡ وَإِنَّكُمۡ لَمِنَ ٱلۡمُقَرَّبِينَ ﴿١١٤﴾ قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ أَن تُلۡقِيَ وَإِمَّآ أَن نَّكُونَ نَحۡنُ ٱلۡمُلۡقِينَ ﴿١١٥﴾ قَالَ أَلۡقُواْۖ فَلَمَّآ أَلۡقَوۡاْ سَحَرُوٓاْ أَعۡيُنَ ٱلنَّاسِ وَٱسۡتَرۡهَبُوهُمۡ وَجَآءُو بِسِحۡرٍ عَظِيمٍ ﴿١١٦﴾

*(پىرئەۋن سېھرگەرلەرنى يىغىشقا ئادەملىرىنى ئەۋەتتى) سېھرگەرلەر پىرئەۋنىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار: «ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى [113]. پىرئەۋن: «ھەئە، (مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر» دېدى① [114]. ئۇلار (يەنى سېھرگەرلەر): «ئى مۇسا! (تاشلايدىغان نەرسەڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن، ياكى بىز (ئۆزىمىزنىڭكىنى) ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» دېدى② [115]. مۇسا: «سىلەر تاشلاڭلار!» دېدى③. ئۇلار (ھاسا ۋە ئارغامچىلارنى) تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى. ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتتۈۋەتتى ۋە (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) بىر سېھىرنى كۆرسەتتى④ [116].*

① سېھرگەرلەر دۇنياپەرەس ئىدى، ئۇلار پەقەت مال-دۇنياغا ئېرىشىش

ئۇچۇنلا سېھرگەرلىكنى ئۆگىنەتتى. شۇڭا ئۇلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پادىشاھنىڭ بىزگە ھاجىتى چۈشكەن ۋاقىتتا كۆپرەك نەپ ئېلىۋالايلى دەپ ئويلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى غەلىبە ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا جاۋابەن پىرئەۋن ئۇلارغا: «مۇكاپاتىلا ئەمەس، سىلەر تېخى مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر» دېدى.

② سېھرگەرلەر ئۆزلىرىگە تولىمۇ ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تاللاش ئىختىيارى بەردى. ئۇلار تولۇق ئىشەنچ بىلەن بىزنىڭ سېھرلىمىز ئالدىدا مۇسانىڭ مۆجىزىسى ھېچنەرسە ئەمەس دەپ كۆرەڭلىدى. يەنە ئۇلار: ئەگەر مۇساغا ماھارىتىنى ئاۋۋال كۆرسىتىش پۇرسىتى بەرسەكمۇ، بۇنىڭ ھېچ پەرقى يوق، بىز ئۇنىڭ سېھرىنى چوقۇم قايتۇرالايمىز، دېدى.

③ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنىڭ مەدەتكارى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئاللاھنىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قورقماستىن ۋە تەمتىرىمەستىن سېھرگەرلەرگە: ﴿سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار﴾ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋۋال تاشلىماسلىقىدىكى ھېكمەت كىشىلەرنىڭ سېھرگەرلەرنىڭ سېھرلىرىنى كۆرۈپ ئويلىنىۋېلىشى، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئۆزى كۆرسەتمەكچى بولغان، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «سېھىر» دەپ قارالغان مۆجىزىنى كۆرۈشكە تېخىمۇ ئىنتىزار قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق مۆجىزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئېڭىغا قاتتىق تەسىر قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى كىشىلەرگە ئايان بولاتتى ھەم ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشى ئاسانغا چۈشەتتى.

④ بەزى رىۋايەتلەردە سېھرگەرلەرنىڭ سانى يەتمىش مىڭ ئىدى، دېيىلگەن. بۇ سان مۇبالىغىدىن خالىي ئەمەستەك تۇرىدۇ. ھەرھالدا ئۇلاردىن ھەربىر سېھرگەر مەيدانغا بىردىن ئارغامچا ۋە بىردىن ھاسا تاشلىسا، قارىغۇچىلارغا ھەربىر كەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. دېمەك بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى چوڭ سېھىر ئىدى.

۞ وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ ۖ فَإِذَا هِىَ تَلْقَفُ مَا

يَأْفِكُونَ ﴿١١٧﴾ فَوَقَعَ ٱلْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١١٨﴾ فَغُلِبُوا۟
هُنَالِكَ وَٱنقَلَبُوا۟ صَٰغِرِينَ ﴿١١٩﴾ وَأُلْقِىَ ٱلسَّحَرَةُ سَٰجِدِينَ ﴿١٢٠﴾ قَالُوٓا۟
ءَامَنَّا بِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢١﴾ رَبِّ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١٢٢﴾ قَالَ فِرْعَوْنُ
ءَامَنتُم بِهِۦ قَبْلَ أَنْ ءَاذَنَ لَكُمْ ۖ إِنَّ هَٰذَا لَمَكْرٌ مَّكَرْتُمُوهُ فِى
ٱلْمَدِينَةِ لِتُخْرِجُوا۟ مِنْهَآ أَهْلَهَا ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿١٢٣﴾

*مۇساغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھيي قىلدۇق، (ئۇ ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ھاسا ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى① [117]. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەت ئايان بولدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى بەربات بولدى [118]. بۇ يەردە ئۇلار (يەنى پىرئەۋن ۋە ئەگەشكۈچىلىرى) مەغلۇپ بولدى ۋە خار بولغان ھالدا قايتتى [119]. سېھىرگەرلەر سەجدىگە باش قويدى [120]. ئۇلار دېدى: «بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا② ـــ مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق»③ [122 ـ 121]. پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (يەنى مىسىر)دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلار ئىكەن. سىلەر (بېشىڭلارغا كېلىدىغاننى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر④ [123].*

① ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن نەرسىسى سېھىرگەرلىك، جادۇگەرلىك ۋە بىر خىيالىي تۈيغۇدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەقىقەتنىڭ ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايتتى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىنى تاشلىشى بىلەن ھەممە نەرسە يوق بولدى، ھاسا بىر قورقۇنچلۇق ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى يۇتۇۋەتتى.

② شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر سەجدىگە باش قويۇپ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن پىرئەۋننى ئىلاھ دەپ چوقۇنغۇچىلار ئۇلارنى پىرئەۋنگە سەجدە قىلدى دەپ ئويلاپ قېلىش ئېھتىمالى بولاتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ سەجدىنىڭ پىرئەۋنگە قىلىنغان

سەجدە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ﴿مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق﴾ دەپ قوشۇپ قويدى. دېمەك ئۇلار: بىز كىشىلەر ئۆزلىرى تىكلىۋالغان ساختا ئىلاھلارغا ئەمەس، بەلكى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىۋاتىمىز، دېگەننى ئوچۇق ئېلان قىلدى.

③ سېھرگەرلەر ئۆز كەسپىنىڭ ماھىرلىرى بولغاچقا سېھرنىڭ ھەقىقىتىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سېھر ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كۆرسىتىلگەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى توندى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى بۇ مۆجىزە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئۇلارنىڭ بارلىق ساختىلىقلىرىنى بەربات قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار دەرھال مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، باتىل ھەر قانچە چىرايلىق بېزەكلەر بىلەن بېزەلسىمۇ، يەنىلا باتىلدۇر. ھەقىقەت ھەر قانچە يوشۇرۇلسىمۇ، يەنىلا ھەقىقەتتۇر، ئۇ بەربىر غەلىبە قىلماي قالمايدۇ.

④ بۇ ۋەقەلەر پىرئەۋننى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇردى. شۇڭا ئۇ ھېچ ئويلانماستىنلا: سىلەر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا ئالدىن كېلىشىۋالغان ئىكەنسىلەر، ئۇزاقتا قالماي بۇنىڭ جازاسىنى بىلىپ قالىسىلەر، دېدى.

لَأُقَطِّعَنَّ أَيۡدِيَكُمۡ وَأَرۡجُلَكُم مِّنۡ خِلَٰفٖ ثُمَّ لَأُصَلِّبَنَّكُمۡ
أَجۡمَعِينَ ﴿١٢٤﴾ قَالُوٓاْ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ ﴿١٢٥﴾ وَمَا تَنقِمُ مِنَّآ إِلَّآ أَنۡ
ءَامَنَّا بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا لَمَّا جَآءَتۡنَاۚ رَبَّنَآ أَفۡرِغۡ عَلَيۡنَا صَبۡرٗا وَتَوَفَّنَا
مُسۡلِمِينَ ﴿١٢٦﴾ وَقَالَ ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِ فِرۡعَوۡنَ أَتَذَرُ مُوسَىٰ وَقَوۡمَهُۥ
لِيُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ

***سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى ئوڭ - سول قىلىپ (يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول قولۇڭلار بىلەن ئوڭ***

**پۇتۇڭلارنى) چوقۇم كېسىپ تاشلايمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن① » *[124]*. سېھىرگەرلەر ئېيتتى: «بىز، ئەلۋەتتە، (ئۆلۈپ) پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز② *[125]*. سەن بىزنى پەقەت پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرى بىزگە كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن③ . ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن④ ، بىزنىڭ جېنىمىزنى مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە ئالغىن⑤ » *[126]*. پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى (پىرئەۋنگە): «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ يەر يۈزىدە پىتنە - پاسات تۇغدۇرۇشىغا⑥ ،**

① يەنى مەن سىلەرنىڭ ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى ياكى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى كەسكەندىن سىرت يەنە سىلەرنى دارغا ئېسىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىمەن.

② بۇنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، ئەگەر سەن بىزگە شۇنداق مۇئامىلە قىلساڭ، سەنمۇ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بۇ جىنايىتىڭگە بېرىلىدىغان ئېغىر جازاغا تەييار بول، چۈنكى ھەممىمىز ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمىز. ئۇنىڭ جازاسىدىن كىم قېچىپ قۇتۇلالايدۇ؟ دېمەك ئۇلار پىرئەۋنىنىڭ دۇنيادا بېرىدىغان جازاسىغا قارشى ئۇنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى. بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۆلۈم كەلمەي قالمايدۇ، چوقۇم كېلىدۇ. مەيلى ئۆلۈم دارنىڭ ئاستىدا كەلسۇن ياكى باشقا يول بىلەن كەلسۇن، بەربىر ئوخشاش.

③ يەنى سېنىڭ نەزىرىڭدە بۇ بىزنىڭ ئەيىبىمىز ھېسابلاندى، سەن بۇنىڭغا نارازى بولۇپ، بىزگە بۇ جازانى راۋا كۆردۈڭ. ھالبۇكى، بۇ ئەسلىدە ھېچ ئەيىب ئەمەس، بۇ بىر ياخشى ئىش ۋە ناھايىتى ئېسىل خىسلەتتۇركى، بىزگە ھەقىقەت ئايان بولغاندىن كېيىن، دۇنيادا قولغا كېلىدىغان بارلىق مەنپەئەتنى تاشلىدۇق، ھەقىقەتنى ياقىلىدۇق. ئاندىن ئۇلار پىرئەۋندىن يۈزلىرىنى بۇراپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

④ ئى ئاللاھ! بىزگە چىدام ۋە بەرداش ئاتا قىلغىنكى، بىز بۇ دۈشمىنىڭنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەيلى، ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرايلى، ئىماندا چىڭ تۇرايلى.

⑤ بىز بۇ دۇنيادىكى سىناقتا ئىماندىن بۇرۇلۇپ كېتىش ۋە پىتنىگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى، بىزنىڭ جېنىمىزنى مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە ئالغىن.

⑥ ھەر دەۋردە بۇزغۇنچىلارنىڭ ھىيلە-نەيرىڭى ئوخشاش بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ماڭغانلارنى پىتنە-پاسات تېرىغۇچى، بۇزغۇنچى ۋە ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى پىتنە-پاسات ۋە بۇزغۇنچىلىق دەپ ئاتايدۇ. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ كاتتىباشلىرىمۇ شۇنداق دېدى.

وَيَذَرَكَ وَءَالِهَتَكَۚ قَالَ سَنُقَتِّلُ أَبۡنَآءَهُمۡ وَنَسۡتَحۡيِۦ نِسَآءَهُمۡ وَإِنَّا
فَوۡقَهُمۡ قَٰهِرُونَ ١٢٧ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِ ٱسۡتَعِينُواْ بِٱللَّهِ وَٱصۡبِرُوٓاْۖ إِنَّ
ٱلۡأَرۡضَ لِلَّهِ يُورِثُهَا مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۖ وَٱلۡعَٰقِبَةُ لِلۡمُتَّقِينَ ١٢٨
قَالُوٓاْ أُوذِينَا مِن قَبۡلِ أَن تَأۡتِيَنَا وَمِنۢ بَعۡدِ مَا جِئۡتَنَاۚ

***سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلىشىغا① يول قويامسەن؟» دېدى. پىرئەۋن: «ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىنى (يەنى قىزلىرىنى) بولسا (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز»② دېدى [127]. مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، چىداملىق بولۇڭلار، بۇ زېمىن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭدۇر، (ئاللاھ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس (يەنى ئىگە) قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت (يەنى ئاخىرقى غەلىبە) تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر» دېدى③ [128]. ئۇلار: «سەن بىزگە (پەيغەمبەر بولۇپ) كېلىشتىن بۇرۇنمۇ④، كەلگەندىن كېيىنمۇ⑤ ھامان ئەزىيەتكە دۇچار بولۇپ تۇردۇق» دېدى.***

① پىرئەۋن: ﴿مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن﴾ دەيتتى. (سۈرە نازىئات 24-ئايەت) گەرچە ئۇ بۈيۈك پەرۋەردىگارلىقنى دەۋا قىلسىمۇ، ئەمما باشقا كىچىك مەبۇدلار يەنى بۇتلارمۇ بار ئىدى، كىشىلەر ئۇ كىچىك مەبۇدلار ئارقىلىق پىرئەۋنگە يېقىنچىلىق ھاسىل قىلاتتى. شۇڭا

بۇ يەردە «سېنىڭ ئىلاھلىرىڭ» دېيىلدى.

② يەنى بىزنىڭ بۇ تەدبىرىمىزگە مۇسا توسالغۇ بولالمايدۇ. پىرئەۋننىڭ ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈش پىلانى ئىككى قېتىم ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچى قېتىملىقى مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنلا باشلانغان ئىدى، ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغۇلغان ھامان ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، پىرئەۋننىڭ قەسرىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھىمايىسىدە پەرۋىش قىلدى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈش پىلانى بولۇپ، پىرئەۋننىڭ مەقسىتى ئىسرائىل ئەۋلادىغا تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ باشقۇرماقچى ئىدى. ئاللاھ تائالا پىرئەۋننى سۇغا غەرق قىلىش بىلەن ئۇنىڭ بۇ پىلانىنىمۇ بىتچىت قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى پىلان تۈزگۈچىدۇر.

③ پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلگىرىكى زۇلۇمنى قايتا باشلىغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە تەسەللى بېرىپ، ئاللاھتىن مەدەت تىلەشكە ۋە چىداملىق بولۇشقا بۇيرىدى ۋە ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر توغرا يولدا ماڭساڭلار، زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاخىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا ئۆتىدۇ، دېدى.

④ بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا كەلگەن ئەزىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن باشلانغان، سېھىرگەرلەر ۋەقەسىدىن كېيىنكى زۇلۇم-ستەم ۋە ئەزىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

قَالَ عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يُهْلِكَ عَدُوَّكُمْ وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِي ٱلْأَرْضِ
فَيَنظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ ١٢٩ وَلَقَدْ أَخَذْنَآ ءَالَ فِرْعَوْنَ بِٱلسِّنِينَ
وَنَقْصٍ مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ ١٣٠ فَإِذَا جَآءَتْهُمُ ٱلْحَسَنَةُ
قَالُواْ لَنَا هَٰذِهِۦۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٞ يَطَّيَّرُواْ بِمُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓۗ

أَلَآ إِنَّمَا طَٰٓئِرُهُمۡ عِندَ ٱللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٣١﴾ وَقَالُواْ
مَهۡمَا تَأۡتِنَا بِهِۦ مِنۡ ءَايَةٖ لِّتَسۡحَرَنَا بِهَا فَمَا نَحۡنُ لَكَ بِمُؤۡمِنِينَ ﴿١٣٢﴾

***مۇسا: «پات يېقىندا پەرۋەردىگارىڭلار دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىدۇ، يەر يۈزىدە ئۇلارنىڭ ئورنىغا چوقۇم سىلەرنى ئورۇنباسار قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ» دېدى① [129]. شەكسىزكى، بىز پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرىنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق② [130]. ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق ـ مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، «بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى»③ دەيدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلارنىڭ شۇملۇقى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىدۇر④، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (ئۆزلىرىگە كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى) ئۇقمايدۇ [131]. ئۇلار (يەنى پىرئەۋن قەۋمى): «سەن بىزنىڭ كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانچە مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ، بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى⑤ [132].***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە تەسەللى بېرىپ دېدىكى، سىلەر بىئارام بولماڭلار، پات يېقىندا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىپ، زېمىندا سىلەرنى ھۆكۈمران قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى سىناشنىڭ يېڭى بىر دەۋرى باشلىنىدۇ، ھازىر سىلەر جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئارقىلىق سىنىلىۋاتىسىلەر، كېيىن ئاللاھ تائالا سىلەرگە ناھايىتى كۆپ نېمەت، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ھاكىمىيەت ئاتا قىلىپ، سىلەرنى سىنايدۇ.

② «پىرئەۋن تاۋابىئاتلىرى» دېگەنىدە ئۇنىڭ قەۋمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «قەھەتچىلىك» يامغۇر ياغماسلىق، مېۋىلىك دەرەخ ۋە زىرائەتلەرگە قۇرۇت چۈشۈپ، ھوسۇلنىڭ كەملەپ كېتىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سىناقتىن مەقسەت ئۇلارنى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقتىن قايتۇرۇش ئىدى.

③ ﴿الْحَسَنَةُ﴾ «ياخشىلىق» پاراۋانلىق، مول ـ ھوسۇلنىڭ كۆپ بولۇشىنى

كۆرسىتىدۇ. ﴿سَيِّئَةٌ﴾ «يامانلىق» ئالدىنقىسىنىڭ ئەكسىچە، قەھەتچىلىك، مول-ھوسۇلنىڭ كەم بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار كەلگەن ھەممە «ياخشىلىق»نى ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسى قىلىۋېلىپ، بۇ بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى دەيتتى، ئەمما ئۆزلىرىگە يەتكەن يامانلىقنىڭ سەۋەبىنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن دەپ، ئۇلارغا: سىلەرنىڭ شۇملۇقۇڭلاردىن بىز بالا-كۈلپەتكە قالدۇق، دەيتتى.

④ ﴿طَائِرِ﴾نىڭ مەنىسى ئۇچىدىغان نەرسە، يەنى قۇش دېمەكتۇر. ئۇلار قۇشنىڭ ئوڭ تەرەپ ياكى سول تەرەپكە قاراپ ئۇچىشىدىن ياخشى پال ياكى شۇم پال ئالاتتى. شۇڭا بۇ سۆز پال ئېلىش دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، بۇ يەردىمۇ شۇ مەنىدە كەلگەن. ئايەتتە دېيىلىكى، ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق ياكى يامانلىق، خۇشاللىق ياكى قەھەتچىلىك ھەممىسى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇنىڭ سەۋەبچىسى ئەمەس. «ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىدۇر» دېگەننىڭ مەنىسى: ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب يوق. يەنە بىر مەنىسى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەرەپتىندۇر، سەۋەبى ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقىدۇر.

⑤ بۇ يەردە ئۇلار ئۆزلىرى مۇپتىلا بولغان كۇفرى ۋە ئىنكارنى ئىزھار قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرىنى تېخىچە سېھىر دەپ دەۋا قىلىۋاتاتتى.

فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ ٱلطُّوفَانَ وَٱلْجَرَادَ وَٱلْقُمَّلَ وَٱلضَّفَادِعَ وَٱلدَّمَ
ءَايَٰتٍ مُّفَصَّلَٰتٍ فَٱسْتَكْبَرُوا۟ وَكَانُوا۟ قَوْمًا مُّجْرِمِينَ ﴿١٣٣﴾ وَلَمَّا وَقَعَ
عَلَيْهِمُ ٱلرِّجْزُ قَالُوا۟ يَٰمُوسَى ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَ لَئِن
كَشَفْتَ عَنَّا ٱلرِّجْزَ لَنُؤْمِنَنَّ لَكَ وَلَنُرْسِلَنَّ مَعَكَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿١٣٤﴾
فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُمُ ٱلرِّجْزَ إِلَىٰٓ أَجَلٍ هُم بَٰلِغُوهُ إِذَا هُمْ يَنكُثُونَ ﴿١٣٥﴾

***ئاندىن بىز ئۇلارغا كەلكۈن، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان***

***(ئايەتلىرى)نى ئوپئوچۇق مۆجىزە قىلىپ ئەۋەتتۇق①. (شۇنداقتىمۇ) ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم ئىدى [133]. قاچان ئۇلارغا بىر ئازاب (ئاپەت) چۈشسە، ئۇلار: «ئى مۇسا! سەن پەرۋەردىگارىڭغا ئۇنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدىسى بىلەن بىز ئۈچۈن (يەنى ساڭا بەرگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن) دۇئا قىلغىن، قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز» دەيدۇ [134]. بىز ئۇلاردىن ئازابنى ئۇلار يېتىدىغان (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن) مۇئەييەن مۇددەتكىچە كۆتۈرۈۋەتكەن چېغىمىزدا، ئۇلار شۇ ھامان ئەھدىلىرىنى بۇزىدۇ② [135].***

① بۇ يەردىكى «كەلكۈن» دېگەندىن ھەممە نەرسىنى غەرق قىلىۋەتكەن سەل ياكى قاتتىق يامغۇر ياكى ئۆلۈم ـ يېتىمنىڭ كۆپلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆلۈمنىڭ كۆپلىكىدىن ھەر ئۆيدە ماتەم بولغان ئىدى. ﴿جَرَادَ﴾ چېكەتكە دېمەكتۇر. چېكەتكە تېرىلغۇنى ۋەيران قىلىدىغان ھەممىگە مەلۇم بىر ھاشارەت. چېكەتكىلەر ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنىڭ غولىنى ۋە مېۋىلىرىنىڭ چېچەكلىرىنى يەپ قۇرۇق شاخ قىلىپ قويغان ئىدى. ﴿قُمَّلَ﴾ دېگەن ئىنساننىڭ جىسمى، كىيىمى ۋە چاچلىرىغا يېپىشىۋېلىپ ئارام بەرمەيدىغان پىت ياكى ئاشلىقنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنى نابۇت قىلىدىغان مىتە دېمەكتۇر. بۇ نەرسىلەر سەۋەبىدىن ئىنسانغا زىيان ھەم قاتتىق بىئاراملىق يېتىدۇ. ئەگەر بۇ ھاشارەتلەر ئاپەت ۋە ئازاب بولۇپ كەلسە، ئۇ چاغدا ئۇلار كەلتۈرگەن زىيان ۋە بىئاراملىقلارنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك مىتە ئاپىتىمۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر تالاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ﴿الضَّفَادِعَ﴾ «پاقىلار» «ضفدعة»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ئۇلار سۇدا، تامنىڭ تۆشۈكلىرىدە، كۆل بويلىرىدا ياشايدۇ. بۇ ئاپەت كەلگەندە پاقىلار كىشىلەرنىڭ تاماقلىرىدا، تۆشەكلىرىدە، ئاشلىقلىرىدا پەيدا بولغان، ھەممە جاينى پاقىلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى، ئۇيقۇسى ۋە ئارام ئېلىشى ھارام بولغان ئىدى. ﴿الدَّمَ﴾نىڭ مەنىسى قان. يەنى ئۇلارنىڭ سۈيى قانغا ئايلىنىپ كېتەتتى، سۇنى بىۋاستە ئىچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەزى

مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «قان» بالاسىنى بۇرۇن قاناش كېسىلى دەپ ئېلىپ، ھەر ئادەمنىڭ بۇرنىدىن قان ئېقىپ چىقاتتى، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ﴿ءَايَٰتٍ مُّفَصَّلَٰتٍ﴾ بۇ ئۇلارغا كەلگەن ئوچۇق-ئاشكارا، ئايرىم-ئايرىم، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى ئەگىشىپ كەلگەن مۆجىزىلەر ئىدى.

② يەنى ئۇلارغا بىر ئازاب (يەنى يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن بىرى) كەلسە، ئۇنىڭدىن بىئارام بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ يالۋۇراتتى. ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئازاب كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، يەنە ئىمان ئېيتماي كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالاتتى. يەنە بىر ئازاب كەلسە، يەنە شۇنداق قىلاتتى. مۇشۇ تەرىقىدە ئۇلارغا ئارىلاپ-ئارىلاپ بەش خىل ئازاب كەلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ دىللىرى يۇمشىمىدى، ئىدىيەسىدىكى تەكەببۇرلۇق ئۇلارنى ھەق يولغا مېڭىشتىن توسۇپ قالدى. ئۇلار شۇ قەدەر ئوچۇق-ئاشكارا ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئىمان ئېيتىش شەرىپىدىن مەھرۇم قالدى.

فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ فَأَغۡرَقۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡيَمِّ بِأَنَّهُمۡ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُواْ عَنۡهَا غَٰفِلِينَ ١٣٦ وَأَوۡرَثۡنَا ٱلۡقَوۡمَ ٱلَّذِينَ كَانُواْ يُسۡتَضۡعَفُونَ مَشَٰرِقَ ٱلۡأَرۡضِ وَمَغَٰرِبَهَا ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَاۖ وَتَمَّتۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ ٱلۡحُسۡنَىٰ عَلَىٰ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ بِمَا صَبَرُواْۖ

***ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق① [136]. بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى)② بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىن (شام)نىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە ۋارىس قىلدۇق③. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن④، (شۇ زېمىنغا ھۆكۈمدار قىلىشتىن ئىبارەت) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى.***

① ئۇلار شۇ قەدەر كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرۈپمۇ ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمىدى، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشنىمۇ خالىمىدى. ئاخىرى دېڭىزغا غەرق قىلىندى. بۇنىڭ تەپسىلاتى قۇرئان كەرىمدە كۆپ جايلاردا

بايان قىلىندى.

② يەنى پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەر خىل زۇلۇملارنى راۋا كۆرەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار مىسىر زېمىنىدا ئاجىز قەۋم قاتارىدا سانىلاتتى. چۈنكى ئۇلار ئېزىلگەن ۋە قۇل قىلىنغان قەۋم ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەزىز بولۇشىنى ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان ئىدى، ئۇلارنى زېمىنىنىڭ ۋارىسلىرىغا ئايلاندۇردى. ﴿ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن﴾. (سۈرە ئال ئىمران 26-ئايەت)

③ بۇ يەردىكى «زېمىن» دېگەندىن شامنىڭ پەلەستىن رايونى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئەمالىقەلەردىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا غەلىبە ئاتا قىلدى. ئىسرائىل ئەۋلادى شامغا مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇشەئ ئىبنى نۇن ئەمالىقەلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن يول ھازىرلىغاندىن كېيىن كىردى. شام زېمىنىدا ئۇلارنىڭ رىزقىغا بەرىكەت بېرىلدى. بۇ زېمىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ياشىغان ۋە دەپنە قىلىنغان جاي بولۇپ، پاراۋانلىق ۋە يېشىللىققا تولغان يۇرت ئىدى. يەنى يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى مول، بەرىكەتلىك جاي ئىدى. ﴿مَشَارِقَ﴾ مەشرىقنىڭ كۆپلۈك شەكلى، ﴿مَغَارِبَ﴾ مەغرىبنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ھالبۇكى، مەغرىبمۇ بىر ۋە مەشرىقمۇ بىر تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلىدە كېلىشى ئۇنىڭدىن بۇ بەرىكەتكە تولغان زېمىنىنىڭ مەشرىق ۋە مەغرىب تەرەپلىرى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

④ بۇ ۋەدە ئىلگىرى ئۇلارغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق 128-، 129-ئايەتلەردە بايان قىلىنغان. يەنە سۈرە قەسەسنىڭ 5-، 6-ئايەتلىرىدىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى: ﴿بىز زېمىندا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز. ئۇلارنى زېمىندا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار)دىن قورقىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىمىز﴾. دېمەك ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋنىنىڭ زۇلۇملىرىغا سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن بۇ غەلىبە ۋە مەرھەمەتكە ئېرىشتى.

وَدَمَّرۡنَا مَا كَانَ يَصۡنَعُ فِرۡعَوۡنُ وَقَوۡمُهُۥ وَمَا كَانُواْ يَعۡرِشُونَ ﴿١٣٧﴾
وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ فَأَتَوۡاْ عَلَىٰ قَوۡمٖ يَعۡكُفُونَ عَلَىٰٓ أَصۡنَامٖ
لَّهُمۡۚ قَالُواْ يَٰمُوسَى ٱجۡعَل لَّنَآ إِلَٰهٗا كَمَا لَهُمۡ ءَالِهَةٞۚ قَالَ إِنَّكُمۡ
قَوۡمٞ تَجۡهَلُونَ ﴿١٣٨﴾ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ مُتَبَّرٞ مَّا هُمۡ فِيهِ وَبَٰطِلٞ مَّا كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ﴿١٣٩﴾ قَالَ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَبۡغِيكُمۡ إِلَٰهٗا وَهُوَ فَضَّلَكُمۡ عَلَى
ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٤٠﴾

*پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغان (ئىمارەت)لىرىنى ۋە باراڭ قىلغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى)نى ۋەيران قىلىۋەتتۇق① [137]. بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى② [138]. (ئۇ بۇتپەرەسلەرگە كەلسەك) شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر③ [139]. مۇسا: «ئاللاھ سىلەرنى (زامانىڭلاردىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىمەن؟» دېدى④ [140].*

① «سالغانلىرى» دېگەندە بىنالىرى، كارخانىلىرى، قورال ـ ياراقلىرى ۋە باشقىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿يَعۡرِشُونَ﴾ «باراڭ قىلغانلىرى، ئېگىز قىلىپ سالغانلىرى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېگىز ـ ئېگىز سالغان بىنالار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ ياكى ئۈزۈم ۋە كۆكتات قاتارلىق مېۋە ۋە زىرائەتلەرنىڭ باراڭلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، ئۇلارنىڭ شەھىرىدىكى بىنالىرىنى، قورال ـ ياراقلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ھەتتا باغ ـ بوستانلىرىنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتتۇق.

② بۇنىڭدىن ئارتۇق نادانلىق ۋە جاھىللىق بولماسكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پىرئەۋندەك چوڭ دۈشمەندىن نىجاتلىق ئاتا قىلىپلا قالماستىن،

بەلكى ئۇنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ غەرق قىلىپ بەردى. ئۇلارنى دېڭىزدىن مۆجىزانە تەرىقىدە ئۆتكۈزدى. ئەمدى دېڭىزدىن ئۆتۈپلا، ئاللاھنى ئۇنتۇپ، تاشتىن ياسالغان بۇتلارنى مەبۇد تۇتۇشقا يول ئىزدىدى. ئېيتىلىشچە، ئۇ بۇتلار تاشتىن ياسالغان كالا شەكىللىك ئىدى.

③ يەنى سىلەر كۆرۈپ، قىزىقىپ قىلىۋاتقان بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى باتىلدۇر ۋە زىيانكارلىققا سەۋەب بولغۇسىدۇر.

④ سىلەرگە شۇ قەدەر كۆپ مەرھەمەت قىلغان، سىلەرنى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغان ئاللاھنى تەرك ئېتىپ، سىلەرگە تاش ۋە ياغاچتىن ياسالغان بۇت ئورنىتىپ بېرەمدىمەن؟ يەنى مەن قانداقمۇ بۇ نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلاي؟ مەن بۇنداق قىلالمايمەن. كېيىنكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان باشقا نېمەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

وَإِذۡ أَنجَيۡنَٰكُم مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَسُومُونَكُمۡ سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ يُقَتِّلُونَ
أَبۡنَآءَكُمۡ وَيَسۡتَحۡيُونَ نِسَآءَكُمۡۚ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَآءٞ مِّن رَّبِّكُمۡ
عَظِيمٞ ١٤١ ۞ وَوَٰعَدۡنَا مُوسَىٰ ثَلَٰثِينَ لَيۡلَةٗ وَأَتۡمَمۡنَٰهَا بِعَشۡرٖ فَتَمَّ
مِيقَٰتُ رَبِّهِۦٓ أَرۡبَعِينَ لَيۡلَةٗۚ وَقَالَ مُوسَىٰ لِأَخِيهِ هَٰرُونَ ٱخۡلُفۡنِي
فِي قَوۡمِي وَأَصۡلِحۡ وَلَا تَتَّبِعۡ سَبِيلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ١٤٢ وَلَمَّا جَآءَ مُوسَىٰ
لِمِيقَٰتِنَا وَكَلَّمَهُۥ رَبُّهُۥ قَالَ رَبِّ أَرِنِيٓ أَنظُرۡ إِلَيۡكَۚ قَالَ لَن تَرَىٰنِي
وَلَٰكِنِ ٱنظُرۡ إِلَى ٱلۡجَبَلِ فَإِنِ ٱسۡتَقَرَّ مَكَانَهُۥ فَسَوۡفَ تَرَىٰنِيۚ

***(ئېسىڭلاردا بولسۇنكى) ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋىننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، ئاياللىرىڭلارنى (يەنى قىزلىرىڭلارنى ئىشلىتىشكە) ئېلىپ قالاتتى، بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلاردىن سىلەرگە زور سىناق بار ئىدى① [141]. مۇساغا (مۇناجات ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭغا تەۋراتنى نازىل قىلىش ئۈچۈن) ئوتتۇز كېچىنى ۋەدە قىلغان ئىدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ***

***بىلەن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى 40 كېچە بولدى② . مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزغۇنچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى③ [142]. مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا (تۇر تېغىغا) كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلغان چاغدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈۋالاي» دېدى. ئاللاھ: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ)④ . لېكىن، تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى.***

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سىناق سۈرە بەقەرەدىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى يەنە سۈرە ئىبراھىمدىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

② پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى غەرق بولغاندىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى ۋە ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىدىغان بىر كىتاب زۆرۈر بولغان ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تۇر سىنا تېغىغا 30 كېچىلىك چاقىردى، ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشۇپ 40 كېچە قىلدى. بۇ يەردىكى ﴿مِيقَاتُ﴾ دېگەن سۆز ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

③ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەر ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام يولغا چىقىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا جېكىلەپ، ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ھەر قانداق بۆلگۈنچىلىك ۋە تەپرىقىچىلىكتىن ساقلىنىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىش ئۇنىڭمۇ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى ئىدى، شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا پەقەت ئەسكەرتىش ۋە ئەسلىتىش سۈپىتىدە نەسىھەت قىلدى.

④ مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا بارغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشتى، شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدە ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ئىستىكى پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىستىكىنى ﴿ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈۋالاي﴾ دېگەن

ئىبارە بىلەن ئىزھار قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جاۋابەن ﴿مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن﴾ دېدى. مۇئتەزىلە پىرقىسى بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، بۇ يەردىكى ﴿لَنْ﴾-ئەبەدى كۆرەلمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ* (بۇ خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ﴿لَنْ﴾-ئەبەدىيلىكنى بىلدۈرمەيدۇ). شۇڭا ئاللاھ تائالانى دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. لېكىن مۇئتەزىلە پىرقىسىنىڭ بۇ دەلىلى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ روھىغا خىلاپتۇر. مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن كۆپلۈك سەھىھ ھەدىسلەر مۇئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانى كۆرىدىغانلىقى ۋە جەننەتتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ بارلىق ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ ئەقىدىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرەلمەسلىك پەقەت دۇنيادىكى ھالەتكە مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى دۇنيادا ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز كۆزى ئاللاھ تائالانى كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا بۇ كۆزلەرگە ئۆزىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ، بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

فَلَمَّا تَجَلَّىٰ رَبُّهُۥ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُۥ دَكًّا وَخَرَّ مُوسَىٰ صَعِقًا ۚ فَلَمَّآ
أَفَاقَ قَالَ سُبْحَـٰنَكَ تُبْتُ إِلَيْكَ وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٤٣﴾ قَالَ
يَـٰمُوسَىٰٓ إِنِّى ٱصْطَفَيْتُكَ عَلَى ٱلنَّاسِ بِرِسَـٰلَـٰتِى وَبِكَلَـٰمِى فَخُذْ مَآ
ءَاتَيْتُكَ وَكُن مِّنَ ٱلشَّـٰكِرِينَ ﴿١٤٤﴾ وَكَتَبْنَا لَهُۥ فِى ٱلْأَلْوَاحِ مِن كُلِّ
شَىْءٍ مَّوْعِظَةً وَتَفْصِيلًا لِّكُلِّ شَىْءٍ

***پەرۋەردىگارى تاغقا ئۆز نۇرىنى غىل-پال چۈشۈرۈش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى① . ئۇ ھوشىغا كېلىپ: «(ئى پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (قەۋمىم ئىچىدە سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى② [143]. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاسىتە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم. مەن ساڭا ئاتا قىلغان (پەيغەمبەرلىك)نى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن③» [144]. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات)***

*تاختىلىرىغا ھەر تۈرلۈك ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ھەر نەرسىنىڭ تەپسىلاتىنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنىڭ ھەممىنى) يېزىپ بەردۇق④.*

① يەنى تاغمۇ رەببىنىڭ تەجەللىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ھەممە كىشى بىھوش بولىدۇ (بۇ ھۇشسىزلىق ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ سۆزىگە ئاساسەن مەھشەر مەيدانىدا بولىدۇ، ئۇ يەرگە ئاللاھ تائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە چۈشىدۇ)، ئاندىن مەن بىرىنچى بولۇپ ھوشىغا كەلگەن كىشى بولىمەن. مەن مۇسانى ئەرشىنىڭ تۈۋرۈكىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ھالەتتە كۆرىمەن، ئۇ مەندىن بۇرۇن ھوشىغا كەلدىمۇ ياكى ئۇ تۇر تېغىدا ھوشىدىن كەتكەنلىكىگە مۇكاپات بېرىلىپ بۇ قېتىم ھوشىدىن كەتمىدىمۇ بىلمىدىم ...». (سەھىھۇل بۇخارى، 4638 ـ ھەدىس سەھىھ مۇسلىم، 2373 ـ ھەدىس)

② يەنى قەۋمىم ئىچىدىن سېنىڭ قۇدرىتىڭ ۋە ئۇلۇغلۇقۇڭغا يەنە ئۆزۈمنىڭ ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىمگە يەنى سېنى بۇ دۇنيادا كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تۇنجىسىمەن.

③ بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشكە مۇشەررەپ بولغان ئىككىنچى قېتىملىق سۆزلىشىش پۇرسىتى ئىدى. بىرىنچى قېتىمقىسى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوت ئىزدەپ كەتكەندە مۇقەددەس تۇۋا ۋادىسىدا ئاللاھ تائالا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغان ئىدى.

④ تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تاختىلارغا يېزىلغان شەكىلدە ئاتا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ تاختىلارغا ئەمر ـ پەرمان، چەكلىمە، ۋەز ـ نەسىھەت ۋە دىنىي ئەھكاملار تەپسىلىي يېزىلغان ئىدى.

فَخُذۡهَا بِقُوَّةٖ وَأۡمُرۡ قَوۡمَكَ يَأۡخُذُواْ بِأَحۡسَنِهَاۚ سَأُوْرِيكُمۡ دَارَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ١٤٥ سَأَصۡرِفُ عَنۡ ءَايَٰتِيَ ٱلَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ

بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَإِن يَرَوۡاْ كُلَّ ءَايَةٖ لَّا يُؤۡمِنُواْ بِهَا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ
ٱلرُّشۡدِ لَا يَتَّخِذُوهُ سَبِيلٗا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ ٱلۡغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلٗاۚ
ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُواْ عَنۡهَا غَٰفِلِينَ ﴿١٤٦﴾

***ئاندىن (دېدۇقكى ئى مۇسا!) ئۇنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى بۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن①، پات يېقىندا سىلەرگە پاسىقلارنىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن② [145]. يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارنى ئايەتلىرىم(نى چۈشىنىش)تىن يىراقلاشتۇرىمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ③، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭىدۇ④، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى⑤ [146].***

① ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەل ۋە ياخشىدۇر يەنى ئۇنىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىڭلار، ئۇ ناھايىتى گۈزەل ۋە ياخشى ئەھكاملاردۇر. يەنە بىر مەنىسى: ساۋابى كۆپ ئەمەللەرنى چىڭ تۇتۇڭلار ياكى ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلىنى قىلىڭلار، دېگەن بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى: ئۇنىڭدىكى تەكىتلەنگەن ئەھكاملار ئەڭ ياخشى، رۇخسەت شەكلىدىكى ئەھكاملار ياخشى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سىلەر رۇخسەت شەكلىدىكى ئەھكاملارغا يۆلىنىۋالماستىن، تەكىتلەنگەن ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىڭلار، دېگەن بولىدۇ.

② «پاسىقلارنىڭ دىيارى» دېگەندە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ياكى ھالاكىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى ئىمام ئىبنى كەسىر ئېيتقاندەك، پاسىقلارنىڭ يۇرتىغا سىلەرنى ھۆكۈمران قىلىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە شۇ ۋاقىتتىكى ئەمالىقەلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شام دىيارى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا بويسۇنمىغان پاسىق كىشىلەر ئىدى.

③ «تەكەببۇرلۇق» دېمەك ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ قوبۇل قىلماسلىق ۋە كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈش دېمەكتۇر. تەكەببۇرلۇق ئىنسانغا ياراشمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا

يارانقۇچى زاتتۇر؛ ئىنسان بولسا، يارالغۇچى مەخلۇقتۇر. يارالغۇچى تۇرۇپ، يارانقۇچى بىلەن تەڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ياكى ئۇلارنى مەنسىتمەسلىك ئەسلا توغرا ئەمەس. شۇڭا تەكەببۇرلۇق ئاللاھ تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان گۇناھتۇر. بۇ ئايەتتە تەكەببۇرلۇقنىڭ نەتىجىسى بايان قىلىندى. نەتىجە شۇكى، ئاللاھ تائالا تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارنى ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، ئۇلار شۇ قەدەر يىراقلىشىپ كېتىدۇكى، ھەرقانچە كۈچلۈك دەلىللەرمۇ ئۇلارنى ھەق يولغا يېقىنلاشتۇرالمايدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾. (سۈرە يۇنۇس 96-، 97-ئايەتلەر)

④ بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ يەنە بىر خاراكتېرى ياكى پسىخىكىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ھىدايەت توغرۇلۇق قانداق بىر گەپ ئاڭلىسا، ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ؛ گۇمراھلىقتىن قانداق بىر نەرسىنى كۆرسە، ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆزىگە يول قىلىۋالىدۇ. قۇرئان كەرىم بايان قىلغان بۇ ھەقىقەتنى ھەر دەۋردە كۆرگىلى بولىدۇ. بۈگۈن بىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى ھەر جايدا ۋە ھەر جەمئىيەتتە، ھەتتا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىمۇ كۆرۈۋاتىمىز. جەمئىيەتتە ياخشىلار يېتىمسىراپ، بېشىنى ئېگىپ تىقىپ يۈرگەن؛ يامانلارنى ھەر كىم خۇشاللىق بىلەن قوللاۋاتقان ھالەتنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

⑤ بۇ ئايەتتە كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ياخشىلىققا قارىغاندا يامانلىقنى كۆپرەك تاللايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈش، ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن غەپلەتتە قېلىشتۇر. بۇ ئەھۋال ئومۇمەن ھەر جەمئىيەتتە مەۋجۇت.

وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَلِقَآءِ ٱلۡأٓخِرَةِ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡۚ هَلۡ
يُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٤٧﴾ وَٱتَّخَذَ قَوۡمُ مُوسَىٰ مِنۢ بَعۡدِهِۦ
مِنۡ حُلِيِّهِمۡ عِجۡلٗا جَسَدٗا لَّهُۥ خُوَارٌۚ أَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّهُۥ لَا يُكَلِّمُهُمۡ

وَلَا يَهۡدِيهِمۡ سَبِيلًاۘ ٱتَّخَذُوهُ وَكَانُواْ ظَٰلِمِينَ ﴿١٤٨﴾ وَلَمَّا سُقِطَ فِيٓ
أَيۡدِيهِمۡ وَرَأَوۡاْ أَنَّهُمۡ قَدۡ ضَلُّواْ قَالُواْ لَئِن لَّمۡ يَرۡحَمۡنَا رَبُّنَا وَيَغۡفِرۡ
لَنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿١٤٩﴾

***بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ئۇچرىشىشىنى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى (ئىمانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ① [147]. مۇسانىڭ قەۋمى مۇسادىن كېيىن (يەنى مۇسا پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن)، زىننەت بۇيۇملىرىدىن مۆرەيدىغان بىر موزاي ھەيكىلىنى ياساپ چىقتى. ئۇلار موزاينىڭ ئۇلارغا سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۇنى مەبۇد قىلىۋېلىپ، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچى بولدى② [148]. ئۇلار (موزايغا چوقۇنغانلىقلىرىغا) پۇشايمان قىلغان③ ۋە ئۆزلىرىنىڭ راستتىنلا ئازغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن چاغدا: «ئەگەر رەببىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى [149].***

① بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى يەنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئادالەتنى ۋە ھەقنى ئاساس قىلماستىن، زۇلۇمنى ۋە باتىلنى ئاساس قىلغان ۋە ئۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ نامە-ئەمەللىرىدە يامانلىق يەنى گۇناھتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يامان ئەمەلنىڭ ھېچ قىممىتى بولمايدۇ، ئەمما ئۇ يامانلىق (يەنى گۇناھ)نىڭ جازاسى چوقۇم بېرىلىدۇ.

② مۇسا ئەلەيھىسسالام 40 كېچىلىك تۇرسىنا تېغىغا كەتكەن چاغدا، سامىرى ئىسىملىك بىر كىشى ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەرنى ئوتتا ئېرىتىش ئارقىلىق بىر موزاينىڭ ھەيكىلىنى ياسىدى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىنىڭ ئىزىدىن ئېلىۋالغان بىر ئوچۇم توپىنى ئۇ ھەيكەلگە قارىتىپ چاچتى. ئاللاھ تائالا ئۇ توپىدا مەلۇم دەرىجىدە

ھاياتلىق تەسىرىنى قالدۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر موزاي ھەيكەلگە ئايلاندى. (قۇرئاننىڭ لەۋزىگە ئاساسەن ئۇ موزاي ئوچۇق گەپ قىلىش ۋە بۇيرۇق بىرىشتىن ئاجىز ئىدى) بۇ ھەيكەل گۆش ۋە تىرىسى بار ھەقىقىي موزايغا ئايلانغانمۇ ياكى شۇ ئالتۇندىن ياسالغان ھەيكەل پېتىچە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھاۋا ئۆتۈشۈش ئارقىلىق موزاينىڭ مۆرىشىدەك ئاۋاز چىققانمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ مەۋجۇت. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) سامىرى كىشىلەرنى مۇشۇ ئاۋاز بىلەن ئازدۇردى. ئۇ كىشىلەرگە: ﴿بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر ۋە مۇسانىڭ ئىلاھىدۇر، مۇسا (ئىلاھىنى بۇ يەردە) ئۇنتۇپ قىلىپ (ئۇنى ئىزدەپ تۇرسىناغا كەتتى)﴾ دىدى. بۇ ۋەقە سۈرە تاھادا بايان قىلىنىدۇ.

③ ﴿وَلَمَّا سُقِطَ فِىٓ أَيۡدِيهِمۡ﴾ دىگەن پۇشايمان قىلىش دىگەننى بىلدۈرىدىغان ئىبارىدۇر. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلغان. سۈرە تاھادا بايان قىلىنغاندەك، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كايىغان ۋە قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن ئىدى. بۇ يەردە ئۇنى ئىلگىرى كەلتۈرۈشتىكى سەۋەپ ئۇلارنىڭ قىلمىشى بىلەن سۆزلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. (فەتھۇلقەدىر)

وَلَمَّا رَجَعَ مُوسَىٰٓ إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ غَضۡبَٰنَ أَسِفٗا قَالَ بِئۡسَمَا خَلَفۡتُمُونِي مِنۢ بَعۡدِيٓۖ أَعَجِلۡتُمۡ أَمۡرَ رَبِّكُمۡۖ وَأَلۡقَى ٱلۡأَلۡوَاحَ وَأَخَذَ بِرَأۡسِ أَخِيهِ يَجُرُّهُۥٓ إِلَيۡهِۚ قَالَ ٱبۡنَ أُمَّ إِنَّ ٱلۡقَوۡمَ ٱسۡتَضۡعَفُونِي وَكَادُواْ يَقۡتُلُونَنِي فَلَا تُشۡمِتۡ بِيَ ٱلۡأَعۡدَآءَ وَلَا تَجۡعَلۡنِي مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٥٠

***مۇسا غەزەپلەنگەن ۋە ئېچىنغان ھالدا قايتىپ كېلىپ، قەۋمىگە: «مەن يوق چاغدا (موزايغا چوقۇنۇپ) نەقەدەر يامان ئىش قىپسىلەر ـ ھە! رەببىڭلارنىڭ ئەمرىنى (كۈتۈپ تۇرماي) ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟» دىدى ۋە (غەزەپتىن تىزلىكتە تەۋرات) تاختىلىرىنى (يەرگە) تاشلىدى① ۋە قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتتى. (ھارۇن) ئېيتتى: «ئى ئانامنىڭ ئوغلى! ②(بۇ)***

***قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى③. مېنى دۈشمەنلەرگە كۈلكە قىلىپ بەرمىگىن؟④ مېنى (مۇزايغا چوقۇنغان) زالىم قەۋم قاتارىدا سانىمىغىن⑤» [150].***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتقاندا، ئۇلارنىڭ موزايغا چوقۇنۇشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا تۇرىسنادىن ئېلىپ كەلگەن تاختىلارنى تېزلىكتە يەرگە قويدى، بۇ ئىش قارىغۇچىلارغا تاختىلارنى يەرگە ئاتقاندەك تۇيغۇ بەردى. بۇنى قۇرئان كەرىم «تاشلىدى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىدى. ئەگەر ئاتقان تەقدىردىمۇ بۇ ئەدەبسىزلىك دەپ قارالمايدۇ، چۈنكى مەقسەت ئۇ تاختىلارغا ئەدەبسىزلىك قىلىش ئەمەس ئىدى. بەلكى دىنىي غورۇر تۈپەيلى قاتتىق غەزەپلەنگەچكە، ئىختىيارسىز ھالدا سادىر بولغان ئىش ھېسابلىناتتى.

② ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى ئىدى، لېكىن بۇ يەردە ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى «ئانامنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ خىل ئاتاشتا مېھىر-شەپقەت ۋە مۇلايىملىق تۇيغۇسى كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ.

③ ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۇززە بايان قىلىپ، قەۋمىنى شېرىكتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھتىن توسۇپ قالالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بەردى: بىرىنچىدىن، ئۇزىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكى. ئىككىنچىدىن، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تەرسالىقى، ھەددىدىن ئاشقانلىقى، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن سۈكۈتتە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. چۈنكى مۇشۇنداق ئەھۋالدا سۈكۈت قىلىشقا ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغان.

④ يەنى مېنى ئەيىبلەش بىلەن دۈشمەنلەر خۇشال بولىدۇ، ھازىر دۈشمەنلەرنى جازالاپ، ئۇلاردىن قەۋمىمىزنى قوغدايدىغان ۋاقىتتۇر.

⑤ ئەقىدە ۋە ئەمەلدە مېنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا سانىمىغىن، مەن شېرىك ئىشنى قىلمىدىم، ھەم ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرگىنىممۇ يوق، ئۇنىڭغا رازى بولغىنىممۇ يوق، مەندە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئۇززە بولغانلىقى ئۈچۈن سۈكۈتتە تۇردۇم، خالاس. بۇنداق ئەھۋالدا مېنى زالىملار (مۇشرىكلار) قاتارىدا سانىساڭ بولمايدۇ. نەتىجىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت ۋە مەرھەمەت تىلەپ

دۇئا قىلدى.

قَالَ رَبِّ ٱغْفِرْ لِى وَلِأَخِى وَأَدْخِلْنَا فِى رَحْمَتِكَ ۖ وَأَنتَ أَرْحَمُ
ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١٥١﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُوا۟ ٱلْعِجْلَ سَيَنَالُهُمْ غَضَبٌ مِّن رَّبِّهِمْ
وَذِلَّةٌ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُفْتَرِينَ ﴿١٥٢﴾ وَٱلَّذِينَ عَمِلُوا۟
ٱلسَّيِّـَٔاتِ ثُمَّ تَابُوا۟ مِنۢ بَعْدِهَا وَءَامَنُوٓا۟ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعْدِهَا لَغَفُورٌ
رَّحِيمٌ ﴿١٥٣﴾ وَلَمَّا سَكَتَ عَن مُّوسَى ٱلْغَضَبُ أَخَذَ ٱلْأَلْوَاحَ ۖ وَفِى
نُسْخَتِهَا هُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلَّذِينَ هُمْ لِرَبِّهِمْ يَرْهَبُونَ ﴿١٥٤﴾

***مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسىدۇرسەن.» [151] شەكسىزكى، موزاينى مەبۇد قىلىۋالغانلار رەببىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ①، يالغاننى توقۇپ چىققۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز② [152]. يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىماندا سەممىي بولغانلارغا كەلسەك، شەكسىزكى، رەببىڭ (ئۇلارنىڭ بۇ) تەۋبىسىدىن كېيىن ئەلۋەتتە بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر③ [153]. مۇسا غەزىپى بېسىلغاندا (يەردىكى تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇنىڭ (مەزمۇنى)دا④ رەببىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت⑤ (قىلىنىدىغانلىقى) يېزىلغان ئىدى [154].***

① ئاللاھنىڭ غەزىپى شۇ بولدىكى، ئۇلار تەۋبىلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىندى. ئۇلار ئۆلتۈرۈلگىچە خارلىقتا ياشىدى.

② بۇ جازا ئۇلارغىلا خاس ئەمەس. كىمكى ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇپ چىقىدىكەن، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز.

③ تەۋبە قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا ناھايىتى مېھرىبان ۋە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، تەۋبە بىلەن ھەرقانداق گۇناھ ئەپۇ قىلىنىدۇ، شەرتى سەممىيلىك بىلەن تەۋبە قىلىشتۇر.

④ «نُسْخَةٌ» «نۇسخا» دېگەن «فُعْلَةٌ» ۋەزنىدە ”كۆچۈرمە“ مەنىسىدە كەلگەن سۆزدۇر. بۇ سۆز ئەرەب تىلىدا كۆچۈرۈلىدىغان ئەسلىي نۇسخا ۋە كۆچۈرۈلگەن نۇسخا دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ﴿نُسْخَتِهَا﴾ دېگەندىن بىر بولسا، تەۋرات يېزىلغان ئەسلىي تاختىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى قاتتىق تاشلانغانلىقى سەۋەبىدىن سۇنۇپ كەتكەن تاختىلاردىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قارىغاندا ئاۋۋالقىسى توغرىدەك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ «تاختىلارنى ئالدى» دەپ كېلىدۇ، بۇنىڭدىن تاختىلارنىڭ سۇنمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ھەر ھالدا بۇ يەردىكى مەقسەت قىلىنغان ئۇقۇم ئۇنىڭ «مەزمۇنى»دىن ئىبارەت، تەرجىمىدىمۇ شۇ ئېلىنغان.

⑤ تەۋراتمۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش رەببىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت ئىدى. چۈنكى ساماۋى كىتابلارنىڭ پايدىسى ئەسلىدە شۇنداق كىشىلەرگە بولىدۇ. ئۇلاردىن باشقا قۇلاقلىرىنى ھەقنى ئاڭلاشتىن ئېتىۋالغان ۋە كۆزلىرىنى ھەقنى كۆرۈشتىن يۇمۇۋالغان كىشىلەر ئومۇمەن بۇ رەھمەت دەرياسىدىن سۇ ئىچەلمەي، ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

وَٱخْتَارَ مُوسَىٰ قَوْمَهُۥ سَبْعِينَ رَجُلًا لِّمِيقَٰتِنَا ۖ فَلَمَّآ أَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ قَالَ رَبِّ لَوْ شِئْتَ أَهْلَكْتَهُم مِّن قَبْلُ وَإِيَّٰىَ ۖ أَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَّآ ۖ إِنْ هِىَ إِلَّا فِتْنَتُكَ تُضِلُّ بِهَا مَن تَشَآءُ وَتَهْدِى مَن تَشَآءُ ۖ أَنتَ وَلِيُّنَا فَٱغْفِرْ لَنَا وَٱرْحَمْنَا ۖ وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْغَٰفِرِينَ ﴿١٥٥﴾

***مۇسا، بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا (تۇر تېغىغا) ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى؛ ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلەنگەندە① ، مۇسا: «ئى رەببىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ***

***قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەتلا سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن مەغپىرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن② [155].***

① بۇ 70 ئادەمنىڭ ۋەقەسى تۆۋەندىكى ئايەتتە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە دېيىلگىنى شۇكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىدىن 70 ئادەمنى تاللاپ، تۇرسىنا تېغىغا ئېلىپ كەتتى، ئۇ يەردە ئۇلارغا ئازاب كېلىپ، ھەممىسى ئۆلدى، شۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى...

② ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بۇ 70 كىشى كىم ئىدى؟ بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەرنىڭ ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار: بىرىنچى قاراش، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەۋرات ئەھكاملىرىنى ئوقۇپ بەرگەندە، ئۇلار: بۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە قانداقمۇ ئىشىنىمىز؟ بىزمۇ ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغۇچە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن 70 ئادەمنى تاللاپ، تۇرسىنا تېغىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بىلەن سۆزلەشتى، ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى. لېكىن ئۇلار ئۇ يەردە يەنە بىر يېڭى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلار: بىز ئاللاھ تائالانى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمايمىز، دېدى، بۇلار ئەنە شۇ 70 كىشى ئىدى. ئىككىنچى قاراش، بۇ 70 كىشى پۈتۈن قەۋمنىڭ ئىچىدىن موزايغا ئىبادەت قىلغانلىق گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش ۋە ئۆزرە بايان قىلىپ، مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تۇرسىنا تېغىغا كەلگەنلەر ئىدى، ئۇلار تۇرسىنا تېغىغا كەلگەندە ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلدى. ئۈچىنچى قاراش، بۇ 70 كىشى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنى توسمىغان كىشىلەر ئىدى. تۆتىنچى قاراش، بۇ 70 كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇرسىنا تېغىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تاللىغان كىشىلەر ئىدى. تۇرسىنا تېغىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن سورىغان تىلەكلىرى ئىچىدىكى: «ئى ئاللاھ! بىزگە بىزدىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە بېرىپ باقمىغان ۋە بىزدىن كېيىنمۇ ھېچ كىشىگە بەرمەيدىغان بىر نەرسىنى بەرسەڭ» دېگەن تىلەكنى ئاللاھ تائالا

ياقتۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلىنىپ، ھەممىسى ئۆلدى. كۆپىنچە مۇپەسسىرلەر ئىككىنچى قاراشنى ئەڭ توغرا دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ ۋەقە سۈرە بەقەرە 56-ئايەتتىكى ۋەقەنىڭ دەل ئۆزى دەپ جەزم قىلىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارنى چاقماق سوقۇپ، ھالاك قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ئىدى، بۇ يەردە ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلىنىپ ھالاك بولدى دەپ كەلدى. بۇ مەسىلىدە ھەر ئىككى خىل ئازابنىڭ كەلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. يەنى ئۈستىدىن چاقماق، ئاستىدىن زىلزىلە كەلگەن. ھەر ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا ھاياتلىق تىلەپ: «ئى رەببىم! ئەگەر سەن ئۇلارنى ھالاك قىلماقچى بولساڭ، ئۇلار مۇزايغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتىلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ» دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تىرىلدۈردى.

۞ وَٱكۡتُبۡ لَنَا فِي هَٰذِهِ ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِنَّا هُدۡنَآ إِلَيۡكَۚ
قَالَ عَذَابِيٓ أُصِيبُ بِهِۦ مَنۡ أَشَآءُۖ وَرَحۡمَتِي وَسِعَتۡ كُلَّ شَيۡءٖۚ
فَسَأَكۡتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَٰتِنَا
يُؤۡمِنُونَ ١٥٦ ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلرَّسُولَ ٱلنَّبِيَّ ٱلۡأُمِّيَّ ٱلَّذِي يَجِدُونَهُۥ
مَكۡتُوبًا عِندَهُمۡ فِي ٱلتَّوۡرَىٰةِ وَٱلۡإِنجِيلِ يَأۡمُرُهُم بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَنۡهَىٰهُمۡ
عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡخَبَٰٓئِثَ
وَيَضَعُ عَنۡهُمۡ إِصۡرَهُمۡ وَٱلۡأَغۡلَٰلَ ٱلَّتِي كَانَتۡ عَلَيۡهِمۡۚ

***بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ (ئېگىشلىك) ياخشىلىقنى يازغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا قايتتۇق (تەۋبە قىلدۇق)»① دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «مەن ئازابىم بىلەن خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم (بۇ دۇنيادا) ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى (يەنى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمدۇر)②. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، زاكات بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا ئېگىشلىك قىلىمەن» [156]. ئۇلار ئەلچىگە — (ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان) ئۇممىي پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ،***

***ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ مۇنداق) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ③: «ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ④، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەر (يەنى قىيىنچىلىقلار)دىن بوشىتىدۇ⑤ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)،***

① يەنى بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق، دېدى.

② بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دۇنيادا ياخشى، يامان، مۇئمىن، كاپىر ھەممىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ 100 رەھمىتى بار. شۇ رەھمەتلەر ئىچىدىكى بىر رەھمەت بىلەن بارلىق مەخلۇقاتلار بىر-بىرىگە رەھىم-شەپقەت قىلىشىدۇ. شۇ بىر رەھمەتنىڭ سەۋەبى بىلەن مەخلۇقاتمۇ بىر-بىرىگە رەھىم قىلىدۇ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ باللىرىغا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قالغان 99 رەھمىتىنى قىيامەت كۈنىگە ئېلىپ قويغاندۇر.» (سەھىھ مۇسلىم 2752-ھەدىس ۋە سۇنەنى ئىبنى ماجە 4293-ھەدىس)

③ بۇ ئايەتمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرمەستىن ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى قەتئىيلىك بىلەن تەكىتلەيدۇ. يەنە ھەقىقىي ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىمان پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەپسىلىي بايان قىلغان ئىماندۇر. بۇ ئايەتتىنمۇ «دىنلارنى بىرلەشتۈرۈش» نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

④ ﴿الْمَعْرُوفِ﴾ دېگەن شەرىئەت ياخشى دەپ كۆرسەتكەن ئىشتۇر. ﴿الْمُنْكَرِ﴾ دېگەن شەرىئەت يامان دەپ كۆرسەتكەن ئىشتۇر.

⑤ يەنى ئۇلارغا ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردە يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۇلارنىڭ زىممىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. مەسىلەن: ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردە بىر جان ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن بىر جاننى ئۆلتۈرۈش لازىم ئىدى، (دىيەت ياكى ئەپۇ قىلىش يوق ئىدى). كىيىمدىكى نىجاسەت تېگىپ كەتكەن جاينى كېسىۋېتىش لازىم ئىدى. ئىسلام

شەرىئەتنى نىجاسەتنى يۇيۇشقا بۇيرىدى. قىساستا دىيەت تۆلەشكە ۋە ئەپۇ قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن ئاسان، توغرا دىن بىلەن ئەۋەتىلدىم.» (مۇسنەد ئەھمەد، 5-توم، 266-بەت) ئەپسۇس! بۇ ئۇممەت ئۆز ئالدىغا كۆپلىگەن قائىدە-يوسۇنلارنى تۈزۈپ، جاھىلىيەت توقاملىرىنى ئۇستىگە يۈكلىۋالدى، نەتىجىدە توي-مەرىكە ھەتتا ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىمۇ قىيىن بىر كۈلپەتكە ئايلاندى. (ئاللاھ ھىدايەت قىلغاي)

فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِهِۦ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَٱتَّبَعُواْ ٱلنُّورَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ مَعَهُۥٓ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ١٥٧

***ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»① [157].***

① بۇ ئاخىرقى سۆزلەردىن پەقەت مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئەگەشكەن كىشىلەرلا بەختكە، مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. كىمكى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان ئېيتمايدىكەن، ئۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى زىيان تارتىدۇ دېگەن ئۇقۇم ئايان بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ۋە نىجاتلىق دېگەندىمۇ ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان ئېيتمىغان قەۋم دۇنيادا خۇشال-خۇرام ۋە پاراۋانلىقتا ياشىشى مۇمكىن. مەسىلەن: غەرب ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى بەزى قەۋملەر گەرچە خرىستىئان، يەھۇدىي ياكى كاپىر ۋە مۇشرىك بولسىمۇ، ماددىي جەھەتتىن تەرەققىيات ۋە باياشات ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. لېكىن بۇ تەرەققىياتلار ئۇلارغا سىناق ئۈچۈن بېرىلگەن، ئەگەر توغرا پايدىلانمىسا تەدرىجىي ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ۋاقىتلىق نېمەتتۇر. بۇ ئاخىرەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كاپالىتى ياكى ئالامىتى ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ﴿ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكەن﴾ دېگەن

ئايەتتىكى «نۇر» دېگەندىن سۈرە مائىدە 15-ئايەتتىكىگە ئوخشاش «قۇرئان كەرىم» كۆزدە تۇتۇلغان. (بۇ نۇقتا شۇ ئايەتتىمۇ ئىزاھلانغان ئىدى) بۇ يەردىكى «نۇر» دېگەندىنمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زاتى كۆزدە تۇتۇلغان ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدە نۇر دەپ بىر سۈپىتىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ قاراڭغۇلىقى يوقالغانلىقى باشقا بىر مەسىلە. بىراق بىر قىسىم بىدئەتچىلەر دەۋا قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر سۈپىتى نۇر بولغانلىقتىن، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ نۇرىدىن بولغان بىر نۇر بولۇشى ئىسپاتلانمايدۇ. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە مائىدە 15-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡ جَمِيعًا ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ
وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِيِّ ٱلۡأُمِّيِّ ٱلَّذِي يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَٰتِهِۦ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمۡ
تَهۡتَدُونَ ﴿١٥٨﴾ وَمِن قَوۡمِ مُوسَىٰٓ أُمَّةٞ يَهۡدُونَ بِٱلۡحَقِّ وَبِهِۦ
يَعۡدِلُونَ ﴿١٥٩﴾ وَقَطَّعۡنَٰهُمُ ٱثۡنَتَيۡ عَشۡرَةَ أَسۡبَاطًا أُمَمٗاۚ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ
مُوسَىٰٓ إِذِ ٱسۡتَسۡقَىٰهُ قَوۡمُهُۥٓ أَنِ ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡحَجَرَۖ فَٱنۢبَجَسَتۡ
مِنۡهُ ٱثۡنَتَا عَشۡرَةَ عَيۡنٗاۖ قَدۡ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٖ مَّشۡرَبَهُمۡۚ وَظَلَّلۡنَا
عَلَيۡهِمُ ٱلۡغَمَٰمَ وَأَنزَلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَنَّ وَٱلسَّلۡوَىٰۖ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ
مَا رَزَقۡنَٰكُمۡۚ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿١٦٠﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسىگە ـ ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان ئۇممىي پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار»① [158].***

***مۇسانىڭ قەۋمى ئىچىدە (كىشىلەرنى) ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان ۋە ھەق بىلەن ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىدىغان بىر جامائە بار② [159]. بىز ئۇلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) 12 تارماققا (يەنى قەبىلىگە) بۆلۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم جامائەلەر قىلىۋەتتۇق③. مۇسانىڭ قەۋمى (باياۋاندا) ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. (مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى) ئۇنىڭدىن (قەبىلىلەرنىڭ سانى بويىچە) 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى. ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا تەرەنجىۋىل (ھالۋىسى) بىلەن بۆدۈنە (كاۋىپى)نى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى): «سىلەر بىز رىزىقلاندۇرغان لەززەتلىك نەرسىلەردىن يەڭلار». (ئۇلار بۇ ئۇلۇغ نېمەتلەرگە ناشۈكۈرلۇق قىلىپ) بىزگە زىيان يەتكۈزەلمىدى، لېكىن (ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى [160].***

① بۇ ئايەتمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىر شەكىلدە ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەمر قىلىپ دېدىكى: ﴿ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن﴾. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ نىجاتكارى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئەمدى نىجاتلىق ۋە ھىدايەت نە خرىستىئان دىنىدا، نە يەھۇدىي دىنىدا، نە باشقا بىر دىندا ئەمەس، نىجاتلىق ۋە ھىدايەت پەقەت ئىسلامدا ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشتا قالدى. بۇ ئايەت ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتتىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ئۇممىي پەيغەمبەر» دەپ ئاتالدى، بۇ ئۇنىڭ بىر خاس سۈپىتىدۇر. «ئۇممىي» دېگەن ساۋاتسىز دېگەن مەنىدە، يەنى ئۇ ھېچبىر ئۇستازنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە تەلىم ئالغان ئەمەس، ھېچقانداق بىر ئىلىم ئۆگەنگەن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇ قۇرئان كەرىمنى كىشىلەرگە تەلىم بەردى. بۇ قۇرئان كەرىمدىكى پاساھەت، بالاغەت ۋە يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئەدەبىيات ئالدىدا پۈتۈن دۇنيادىكى پاساھەت ۋە بالاغەتتە

كامالەتكە يەتكەن ئەدىبلەر ئاجىزلىق ئىزھار قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن ئىلىمنىڭ ھەقىقەت ۋە راستلىقىنى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولمىسا، ساۋاتسىز تۇرۇپ قۇرئاننى يادا تەلىم بېرەلمىگەن بولاتتى، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەلىماتلارنى بايان قىلالمىغان بولاتتى. ئىنسانلار ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى تەدبىقلىماستىن ھەقىقىي ئامانلىق، خاتىرجەملىك، راھەت ۋە پاراۋانلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

② بۇ «جامائە» يەھۇدىيلاردىن مۇسۇلمان بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام قاتارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)

③ ﴿أَسۡبَاطًا﴾ بولسا "سَبۡطٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، نەۋرە دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە قەبىلە، ئايماق مەنىسىدە كەلگەن. يەنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلىدىن ئون ئىككى قەبىلە ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئاللاھ تائالا ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن باشلىق بەلگىلىگەن ئىدى. ﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەر بىرسىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن جەببارلارغا يەنى ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق﴾. (سۈرە مائىدە 12-ئايەت) بۇ ئون ئىككى قەبىلىنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىگە قارىغاندا ئىلغار ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم جامائە قىلغانلىقىنى بۇ يەردە نېمەت سۈپىتىدە بايان قىلىۋاتىدۇ.

وَإِذۡ قِيلَ لَهُمُ ٱسۡكُنُواْ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةَ وَكُلُواْ مِنۡهَا حَيۡثُ شِئۡتُمۡ
وَقُولُواْ حِطَّةٞ وَٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ سُجَّدٗا نَّغۡفِرۡ لَكُمۡ خَطِيٓـَٰٔتِكُمۡۚ
سَنَزِيدُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٦١﴾ فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡ قَوۡلًا غَيۡرَ ٱلَّذِي
قِيلَ لَهُمۡ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ
يَظۡلِمُونَ ﴿١٦٢﴾ وَسۡـَٔلۡهُمۡ عَنِ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلَّتِي كَانَتۡ حَاضِرَةَ ٱلۡبَحۡرِ

*بىز زامانلاردا ئۇلارغا: «سىلەر بۇ شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس)*

*دە تۇرۇۋاتقانلار، ئۇ يەردىكى يېمەكلىكلەردىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، شەھەر دەرۋازىسىدىن (ھۆرمەت بىلدۈرۇپ) سەجدە قىلغان (يەنى ئېگىلگەن) ھالدا كىرىڭلار، (كىرىۋاتقان چېغىڭلاردا) «ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن»، دەڭلار. (شۇنداق قىلساڭلار) بىز بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا (مۇكاپاتىنى) ئاشۇرۇپ بېرىمىز» دېيىلگەن ئىدى [161]. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار ئۆزلىرىگە ئېيتىلغان سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى. مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتتۇق① [162]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلاردىن② دېڭىز بويىدىكى شەھەر③ (ئاھالىسى) نىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن.*

① 160 ـ ئايەتتىن 162 ـ ئايەتكىچە بايان قىلىنغان نۇقتىلار ئىلگىرى سۈرە بەقەرەنىڭ 58 ـ ئايىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئىدى. شۇ يەردىن كۆرۈۋالغايسىزلەر.

② «ئۇلاردىن سورىغىن»دىكى ئالماش يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇ يەھۇدىيلاردىن سورىغىن. سوراشتىكى مەقسەت بۇ ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ بىلگەنلىكى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكىنى يەھۇدىيلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ۋەھيي كەلمىگەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەنى بىلەلمىگەن بولاتتى.

③ بۇ شەھەرنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتە مۇپەسسىرلەر ھەر خىل قاراشلاردا بولغان: بەزىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيلە دېسە، بەزىلەر تەبەرىيە، بەزىلەر ئىلىيا، يەنە بەزىلەر شامدىكى دېڭىزغا يېقىن بىر شەھەر، دەيدۇ. مۇپەسسىرلەرنىڭ ئەڭ توغرا دەپ قارىغىنى «ئەيلە» بولۇپ، بۇ مەدىيەن شەھىرى بىلەن تۇرسىنانىڭ ئارىلىقىدىكى قۇلزۇم دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان شەھەردۇر.

إِذۡ يَعۡدُونَ فِي ٱلسَّبۡتِ إِذۡ تَأۡتِيهِمۡ حِيتَانُهُمۡ يَوۡمَ سَبۡتِهِمۡ شُرَّعٗا وَيَوۡمَ
لَا يَسۡبِتُونَ لَا تَأۡتِيهِمۡۚ كَذَٰلِكَ نَبۡلُوهُم بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ١٦٣ وَإِذۡ

قَالَتْ أُمَّةٌ مِّنْهُمْ لِمَ تَعِظُونَ قَوْمًا ٱللَّهُ مُهْلِكُهُمْ أَوْ مُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا
شَدِيدًاۖ قَالُواْ مَعْذِرَةً إِلَىٰ رَبِّكُمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ١٦٤ فَلَمَّا نَسُواْ مَا
ذُكِّرُواْ بِهِۦٓ أَنجَيْنَا ٱلَّذِينَ يَنْهَوْنَ عَنِ ٱلسُّوٓءِ

***ئۇلار (چەكلەنگەن كۈن) شەنبىدە (بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ) ھەددىدىن ئاشاتتى. چۈنكى، شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. شەنبىدىن باشقا كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى. ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن. ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز① [163]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە كىشىلەر (ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلارغا): «ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېدى②. ئۇلار (يەنى ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلار): «رەببىڭلارنىڭ ئالدىدا (ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلدۇق، دەپ) ئۆزرە ئېيتىشىمىز ۋە ئۇ (نەسىھەت ئاڭلىغۇچى)لارنىڭ (گۇناھتىن) ساقلىنىشى ئۈچۈن (شۇنداق قىلىمىز)» دېدى [164]. ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا③، يامان ئىشتىن توسقۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق،***

① ﴿حِيتَانُ﴾ دېگەن «حُوتُ» «بېلىق»نىڭ كۆپلۈك شەكلى. ﴿شُرَّعًا﴾ دېگەن «شَارِع»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرىدىغان بېلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ شەنبە كۈنىگە مۇناسىۋەتلىك قىلمىشلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارغا شەنبە كۈنىدە بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن ئىدى. شەنبە كۈنىدە خۇددى بېلىقلار ئۇلارنى سىناۋاتقاندەك، ناھايىتى كۆپ كېلەتتى، سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇشقا ئۇلارنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇراتتى. شەنبە كۈنى ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنداق كۆپ كەلمەيتتى. ئاخىرى يەھۇدىيلار ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىگە خىلاپلىق قىلدى، ئۇلار بېلىقلارنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ شەنبە كۈنى تور سېلىپ قوياتتى، ئەتىسى تورنى يىغىپ بېلىقلارنى تۇتۇۋالاتتى.

② بۇ يەردىكى «جامائە» ھىيلە-مىكىر قىلمىغان ۋە ھىيلە-مىكىر

قىلغانلارغا قىلمىشىنىڭ خاتالىقىنى تولا چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تۈزىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن سالىھ كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھىيلە-مىكىر قىلغانلارنى شەنبە كۈنى بېلىق تۇتۇشتىن توسۇپ، ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ھېلىقى سالىھ كىشىلەر جامائەسى بۇ نەسىھەت قىلغۇچىلارغا: «قىسمەتتىگە ھالاكەت ۋە ئازاب پۈتۈلگەن يەنى ئازابقا لايىق بولغان كىشىلەرگە نەسىھەت قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟» دەيتتى. ياكى بۇ يەردىكى «جامائە» ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھەددىدىن ئاشقانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارغا نەسىھەت قىلغۇچىلار نەسىھەت قىلسا، ئۇلار جاۋابەن: «بىزنىڭ ھالاكەت ياكى ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا بىزگە ۋەز-نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دەيتتى. نەسىھەت قىلغۇچىلار مۇنداق جاۋاب بېرەتتى: بۇنىڭ ئىككى پايدىسى بار: بىرىنچى پايدىسى، رەببىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن، چۈنكى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى چەكلەشكە ئۇرۇنماسلىقمۇ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىپ قالىدۇ. ئىككىنچى پايدىسى، توسقانلىقىمىز سەۋەبىدىن كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن قايتىدۇ ۋە گۇناھتىن ساقلىنىدۇ دەپ ئۈمىد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈندۇر.

ئالدىنقى تەپسىرگە ئاساسەن بۇ يەردە ئۈچ جامەئە بولىدى: 1-ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، بېلىق تۇتقۇچىلار جامائەسى. 2-نە خىلاپلىق قىلغۇچىلار، نە چەكلىگۈچىلەر قاتارىدىن بولماي، بىر چەتتە تۇرغانلار جامائەسى. 3-ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىقمۇ قىلمىغان، بىر چەتتە قاراپمۇ تۇرمىغان، بەلكى خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى چەكلىگەنلەر جامائەسى. كېيىنكى تەپسىرگە ئاساسەن ئىككى جامائە بولىدى: 1-ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار جامائەسى، 2-چەكلىگۈچىلەر جامائەسى.

③ يەنى ئۇلار ۋەز-نەسىھەتكە پەرۋا قىلمىغان ۋە چەكلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان چاغدا، يامان ئىشتىن توسقۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق.

وَأَخَذۡنَا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ بِعَذَابِۭ بَـِٔيسِۭ بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿١٦٥﴾ فَلَمَّا
عَتَوۡاْ عَن مَّا نُهُواْ عَنۡهُ قُلۡنَا لَهُمۡ كُونُواْ قِرَدَةً خَٰسِـِٔينَ ﴿١٦٦﴾ وَإِذۡ
تَأَذَّنَ رَبُّكَ لَيَبۡعَثَنَّ عَلَيۡهِمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَن يَسُومُهُمۡ سُوٓءَ
ٱلۡعَذَابِۗ إِنَّ رَبَّكَ لَسَرِيعُ ٱلۡعِقَابِ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٦٧﴾

***ئاللاھنىڭ ئەتائەتىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن زالىملارنى شىددەتلىك ئازاب بىلەن جازالىدۇق① [165]. ئۇلار چەكلەنگەن ئىشلارنى تاشلاشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق② [166]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئۇلارغا (يەنى يەھۇدىيلارغا) قىيامەتكىچە ئۇلارنى چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى③. شەكسىزكى، رەببىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر④ [167].***

① يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز جانلىرىغا زۇلۇم قىلدى ۋە ئۆزلىرىنى جەھەننەمگە ئوتۇن قىلدى، ئۇلار يەنە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى. دېمەك ئۇلار ھەم پاسىق ھەم زالىم بولدى.

② ﴿عَتَوۡاْ﴾ دېگەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقانلار دېمەكتۇر. مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇنداق ئىختىلاپ بار: بىر قاراشتا، چەكلىگۈچى جامائە نىجات تاپقۇچىلاردىن بولۇپ، قالغان ئىككى جامائە ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان. يەنە بىر قاراشتا، ئازابقا دۇچار بولغانلار پەقەت خىلاپلىق قىلغۇچىلار جامائەسى بولۇپ، قالغان ئىككى جامائە نىجات تاپقان. ئىمام ئىبنى كەسىر ئىككىنچى قاراشنى ئەڭ توغرا دەپ قارايدۇ.

③ ﴿تَأَذَّنَ﴾ «إِيْذَانٌ، إِعْلَامٌ» (خەۋەر بېرىش، بىلدۈرۈپ قويۇش) دېگەن مەنىدە. يەنى شۇ ۋاقىتنى ياد ئەتكىنكى، ئۇ چاغدا رەببىڭ يەھۇدىيلارنى خەۋەردار قىلغان ئىدى. ﴿لَيَبۡعَثَنَّ﴾دىكى «لام» تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، قەسەم مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا بۇ يەردە قەسەم

قىلىپ، قاتتىق تەكتىلىگەن ھالدا، چوقۇم قىيامەتكىچە ئۇلارنى قاتتىق جازالايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن تارىخى موھتاجلىق، خارلىق، قۇللۇق، مەھكۇملۇق بىلەن تولغان تارىختۇر. ئۇنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتتە بىلدۈردى. ئىسرائىلىيەنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتى قۇرئان كەرىم بايان قىلغان بۇ ھەقىقەتتىن يىراق ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كىشىلەر ھىمايىسىدىلا ياشىيالايدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتىكى مەھكۇملۇقتىن مۇستەسنا قىلغان، شۇڭا بۇ ئايەت مەزكۇر مۇستەسناغا زىت كەلمەيدۇ، بەلكى، ئۇنى تولۇقلايدۇ. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە ئال ئىمران 112-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

④ يەنى ئەگەر ئۇ يەھۇدىيلاردىن قايسىبىرى تەۋبە قىلىپ مۇسۇلمان بولسا، بۇ خارلىق ۋە قاتتىق ئازابتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

وَقَطَّعْنَٰهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ أُمَمًا ۖ مِّنْهُمُ ٱلصَّٰلِحُونَ وَمِنْهُمْ دُونَ ذَٰلِكَ ۖ
وَبَلَوْنَٰهُم بِٱلْحَسَنَٰتِ وَٱلسَّيِّـَٔاتِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿١٦٨﴾ فَخَلَفَ مِنۢ
بَعْدِهِمْ خَلْفٌ وَرِثُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ يَأْخُذُونَ عَرَضَ هَٰذَا ٱلْأَدْنَىٰ
وَيَقُولُونَ سَيُغْفَرُ لَنَا وَإِن يَأْتِهِمْ عَرَضٌ مِّثْلُهُۥ يَأْخُذُوهُ ۚ أَلَمْ يُؤْخَذْ
عَلَيْهِم مِّيثَٰقُ ٱلْكِتَٰبِ أَن لَّا يَقُولُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْحَقَّ وَدَرَسُوا۟ مَا
فِيهِ ۗ وَٱلدَّارُ ٱلْءَاخِرَةُ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَ ۗ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٦٩﴾ وَٱلَّذِينَ
يُمَسِّكُونَ بِٱلْكِتَٰبِ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ
ٱلْمُصْلِحِينَ ﴿١٧٠﴾

***ئۇلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ بار، ياخشىلىرىدىن تۆۋەنلىرىمۇ (يەنى ياخشى ئەمەسلىرىمۇ) بار، ئۇلارنى (ھىدايەتكە) قايتسۇن دەپ، باياشاتچىلىق ۋە قاتتىقچىلىق بىلەن سىنىدۇق① [168]. ئۇلاردىن كېيىن (يامان) ئەۋلادلار تەۋراتقا ۋارىسلىق②***

*قىلدى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل - مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئېلىۋېرىدۇ③ ۋە «ئاللاھ بىزنى ئەپۇ قىلىدۇ» دەپ جۆيلۈيدۇ④. شۇنداق پۇل - مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ. كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) ئاللاھقا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىشقا دائىر ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنغان ئەمەسمىدى؟⑤ ھالبۇكى، ئۇلار كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغان ئىدى⑥. ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئاخىرەت يۇرتى ئەڭ ياخشىدۇر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ [169] كىتابقا چىڭ ئېسىلىپ ئەمەل قىلىدىغانلار ۋە نامازنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلارغا كەلسەك، شەكسىزكى، بىز ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيمىز⑦ [170].*

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلارنى تۈرلۈك گۇرۇھلارغا بۆلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا ئالدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تاشلاپ، ئاللاھ تەرەپكە قايتىشى ئۈچۈن باياشاتچىلىق ھەم قاتتىقچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن سىنىغانلىقىنى بايان قىلدى.

② «خَلَفٌ» لامنىڭ زەۋىرى بىلەن كەلسە، سالىھ ياخشى ئەۋلاد دېگەن مەنىنى؛ ئەگەر بۇ ئايەتتىكىدەك ﴿خَلْفٌ﴾ لام ساكىنلىق كەلسە، يامان يارامسىز ئەۋلاد دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

③ ﴿الْأَدْنٰى﴾نى «دُنُوٌّ» (يېقىن، دۇنيا) دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان دەپ ئالغاندا، ئۇلار دۇنيانىڭ پۇل-مېلىنى ئالىدۇ دېگەن بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنى «دَنَاءَةٌ » (پەسلىك، چاكىنىلىق، ئەرزىمەس) دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان دەپ ئالغاندا، ئۇلار ئەرزىمەس پۇل-مالنى ئالىدۇ دېگەن بولىدۇ. دېمەك ھەر ئىككى ئۇقۇمدىن ئۇلارنىڭ مال-دۇنياغا نە قەدەر ھېرىسمەنلىكى ئايان بولىدۇ.

④ يەنى ئۇلار شۇ قەدەر دۇنياپەرەس بولۇپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

⑤ شۇنداق ۋەدە ئېلىنغان تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنە ئاللاھقا يالغاننى

چاپلاشتىن، يەنى ئاللاھ نامىدىن يالغاننى سۆزلەشتىن ۋاز كەچمەيدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىدا ئۆتكەندەك «ئاللاھ بىزنى ئەپۇ قىلىدۇ» دەپ جۆيلۈيدۇ.

⑥ ﴿دَرَسُوا۟﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى ئۆچۈرۈۋەتتى دېگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئەرەب تىلىدا «دَرَسَتِ الرِّيْحُ الْآثَارَ «(شامال قەدەم ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتتى) دەپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇلار تەۋراتتىكى مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋەتكەن ئىدى يەنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتكەن ئىدى، دېگەن بولىدۇ.

⑦ ئەنە شۇ كىشىلەر ئىچىدىن تەقۋالىق يولىنى تاللىغانلار، كىتابنى (يەنى ئەسلىي تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقانلار، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتقانلار، ناماز ئوقۇغانلار ۋە ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلغانلارنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تائالا بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. بۇ ئايەتتە تەقۋادار بولغان، كىتابنى مەھكەم تۇتقان ۋە نامازغا ئەھمىيەت بەرگەن ئەھلى كىتابقا (خۇسۇسەن جۈملىنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا يەھۇدىيلارغا) ئاخىرەتتە ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى، ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشى كېرەك. چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرمەستىن ئاخىرەتتە نىجات تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

۞ وَإِذْ نَتَقْنَا ٱلْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُۥ ظُلَّةٌ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُۥ وَاقِعٌۢ بِهِمْ
خُذُوا۟ مَآ ءَاتَيْنَٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱذْكُرُوا۟ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٧١﴾
وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنۢ بَنِىٓ ءَادَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَىٰٓ
أَنفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ ۖ قَالُوا۟ بَلَىٰ ۛ شَهِدْنَآ ۛ أَن تَقُولُوا۟ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ
إِنَّا كُنَّا عَنْ هَٰذَا غَٰفِلِينَ ﴿١٧٢﴾

***ئۆز ۋاقتىدا بىز تۇر تېغىنى (قومۇرۇپ كېلىپ) ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىگەن ئىدۇق، ئۇلار تاغ ئۈستىمىزگە چۈشۈپ***

***كېيىندىغان بولىدۇ دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن بىز سىلەرگە بەرگەن (كىتاب تەۋرات)نى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار (يەنى ئۇلارغا ئەمەل قىلىڭلار)»① [171]. ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ رەببى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى)②. ئۇلار: «ھەئە، (ئەلۋەتتە سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن) بىز گۇۋاھلىق بەردۇق» دېگەن ئىدى. بۇنداق قىلىشىمىز (يەنى ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكى،***

① بۇ ۋەقە ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەۋراتنى ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلارغا ئاڭلاتقان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئادىتى بويىچە تەۋراتقا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاغنى سايىۋەندەك تىكلىدى. ئۇلار تاغنىڭ ئۈستىلىرىگە چۈشۈپ يەنچىلىپ كېتىشلىرىدىن قورقۇپ، تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا ۋەدە بەردى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاغنى تىكلەش ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە بولغان، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: ئاللاھ تائالا تاغنى ئۈستىمىزگە كەلتۈرۈپ كۆرسەتمىگىچە تەۋراتقا ئىمان كەلتۈرمەيمىز، دەپ تەلەپ قىلغان. لېكىن ئاۋۋالقى تەپسىر ئەڭ توغرىدۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. بۇ يەردە پەقەت تاغ تىلغا ئېلىنغان، ئەمما ئىلگىرى بۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنغان سۈرە بەقەرەنىڭ 63-ۋە 93-ئايەتلىرىدە بۇ تاغنىڭ ئىسمى تۇر تېغى دېيىلگەن.

② بۇ ئەلەستۇ ئەھدىسى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ﴿أَلَسۡتُ بِرَبِّكُمۡ﴾ كەلىمىسىدىن تەركىپ تاپقان. بۇ ئۆز ۋاقتىدا ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇشتىدىن دۇنياغا كېلىدىغان بارلىق ئەۋلادلاردىن ئېلىنغان ئەھدە ئىدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئاللاھ تائالا ئەرەپات كۈنى نەئمان دېگەن جايدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن ئەھدە (مىساق) ئالدى. ئاللاھ تائالا ئادەم

ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن يارىتىلىدىغان بارلىق ئەۋلادلىرىنى چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا يايدى، ئاندىن ئۇلارغا خىتاپ قىلىپ: ﴿أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ﴾ «مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن» دەپ گۇۋاھلىق بەردى. (مۇسنەدى ئەھمەد، 1-توم، 272-بەت، ئەلھاكىم 2-توم، 544-بەت، ئىمام زەھەبى سەھىھ دەپ قارىغان ھەدىس) ئىمام شەۋكانى: بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەتچىلىرىدە مەسىلە يوق، دېگەن. (فەتھۇلقەدىر) ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بۇ نەسىل ئالەمى دەپ ئاتىلىدۇ. ئايەتنىڭ بۇ تەپسىرى ئەڭ توغرا ھەم ئۆزگەرمەس ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇش ياكى باشقا بىر چۈشەنچىنى قوبۇل قىلىش توغرا ئەمەس، چۈنكى بۇ ھەقىقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنىپ بايان قىلىنغان ۋە ئۇ ساھابىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنى مەجاز (كۆچمە مەنىدە) دەپ چۈشىنىشمۇ توغرا ئەمەس.» ئاللاھ تائالانىڭ رەب ئىكەنلىكىگە بىرلىگەن بۇ گۇۋاھلىق ھەربىر ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە ئەزەلدىن مەۋجۇتتۇر. بۇ ئۇقۇمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق بايان قىلغان: «ھەر قانداق بالا فىترەت ئۈستىدە (باشقا بىر ئاڭ بولمىغان) دىنىنى تونۇش تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلغان بولىدۇ، خۇددى ھەرقانداق ھايۋان بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندا، ئەزالىرى ساق - سالامەت، قۇلاق-بۇرۇنلىرى كېسىلمىگەن ئەيىبسىز تۇغۇلغىنىدەك. ئۇ بالىنى ئاتا - ئانىسى يا يەھۇدىي يا خىرىستىئان يا ئاتەشپەرەس قىلىپ چوڭ قىلىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 1358-ھەدىس، ۋە سەھىھ مۇسلىم 2658-ھەدىس)

ئىمام مۇسلىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس قۇددۇسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى مەن بەندىلىرىمنى فىترەت ئۈستىدە (دىنىنى تونۇش تەبىئىتى بىلەن) ياراتتىم، ئاندىن شەيتان كېلىپ ئۇلارنى ئۇ فىترەتتىن (يەنى دىنىدىن) چىقاردى ۋە ئۇلارغا مەن ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇردى.» (سەھىھ مۇسلىم 2865-ھەدىس) مانا بۇ فىترەت (دىن) ئىنسان تەبىئىتىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان تۇغما ئېتىقاتتۇر، مانا بۇ ئاللاھ چۈشۈرگەن شەرىئەت ۋە ئاللاھنى يىگانە پەرۋەردىگار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان تەۋھىتتۇر. بۇ ئېتىقاد ھازىر ئىسلام دىنى شەكلىدە ساقلانغان بولۇپ، قىيامەتكە قەدەر مەۋجۇتتۇر.

أَوۡ تَقُولُوٓاْ إِنَّمَآ أَشۡرَكَ ءَابَآؤُنَا مِن قَبۡلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةٗ مِّنۢ بَعۡدِهِمۡۖ
أَفَتُهۡلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلۡمُبۡطِلُونَ ١٧٣ وَكَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ وَلَعَلَّهُمۡ
يَرۡجِعُونَ ١٧٤ وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ ٱلَّذِيٓ ءَاتَيۡنَٰهُ ءَايَٰتِنَا فَٱنسَلَخَ مِنۡهَا
فَأَتۡبَعَهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ فَكَانَ مِنَ ٱلۡغَاوِينَ ١٧٥

***ياكى «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىكەن، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغانلا يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكى ئۈچۈندۇر① [172ـ173]. ئۇلارنىڭ (چوڭقۇر ئويلىنىپ كۇفرىدىن) قايتىشى ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلي بايان قىلىمىز [174]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا (يەھۇدىيلارغا) شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇ ئادەمگە ئايەتلىرىمىزنى بەرگەن ئىدۇق (يەنى كىتابۇللاھنىڭ بەزى ئىلىملىرىنى ئۆگەتكەن ئىدۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتىۋىدى، شەيتان ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازغۇنلاردىن بولۇپ كەتتى② [175].***

① يەنى بىزنىڭ سىلەردىن ئەھدە ئالغانلىقىمىز ۋە سىلەرنى رەب ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ياكى «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرۈپ كەلگەنىكەن» دەپ ئۆزرە بايان قىلالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر. بۇنداق ئۆزرە قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

② بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ مىسالنى ئاللاھنىڭ كالامىدىن ئىلىم ھاسىل قىلغان، لېكىن كېيىن مال ـ دۇنيا ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ گۇمراھ بولۇپ كەتكەن مۇئەييەن بىر شەخس بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ شەخسنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەققىدە ھېچبىر ئىشەنچلىك ھەدىس كەلمىگەن. شۇڭا ئۇ شەخسنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە باش قاتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ بىر ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. بۇ خىل

خاراكتېردىكى كىشىلەر ھەر دەۋردە كۆرۈلىدۇ، مەزكۇر سۈپەتكە ئىگە ھەرقانداق كىشى مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمىگە چۈشىدۇ.

وَلَوْ شِئْنَا لَرَفَعْنَٰهُ بِهَا وَلَٰكِنَّهُۥٓ أَخْلَدَ إِلَى ٱلْأَرْضِ وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ ۚ
فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ ٱلْكَلْبِ إِن تَحْمِلْ عَلَيْهِ يَلْهَثْ أَوْ تَتْرُكْهُ يَلْهَث ۚ
ذَّٰلِكَ مَثَلُ ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا ۚ فَٱقْصُصِ ٱلْقَصَصَ لَعَلَّهُمْ
يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٧٦﴾ سَآءَ مَثَلًا ٱلْقَوْمُ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَأَنفُسَهُمْ
كَانُوا۟ يَظْلِمُونَ ﴿١٧٧﴾ مَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلْمُهْتَدِى ۖ وَمَن يُضْلِلْ
فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٧٨﴾ وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ
وَٱلْإِنسِ ۖ

*ئەگەر بىز خالىساق، بۇ ئايەتلەر بىلەن ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرەتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى. ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ قەۋمنىڭ مىسالىدۇر①، قەۋمىڭنىڭ ئويلاپ بېقىشى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بەرگىن② [176]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زىيان سالغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! [177] ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ھىدايەت تاپقۇچى ئاشۇدۇر، ئاللاھ كىمنى گۇمراھ قىلسا، (ھەقىقىي) زىيان تارتقۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر③ [178]. شەك - شۈبھىسىزكى، جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخ ئۈچۈن ياراتتۇق④.*

① «لَهْثٌ» چارچاپ ياكى ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن ياكى باشقا بىر سەۋەبتىن تىلنى سىرتقا چىقىرىپ ھاسىراش دېگەن مەنىدە. ئىتنىڭ بىر ئادىتى شۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ ياكى ئۆز ھالىغا قويساڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىراشتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئادىتى ئۇ ئاچ

ياكى توق بولسۇن، ساق ياكى كېسەل بولسۇن، كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولسۇن ھەر ھالەتتە تىلىنى سىرتقا چىقىرىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مال-دۇنياغا دۈم چۈشكەن، پۇل-مالدىن باشقا غېمى يوق، نەسىھەت قىلساڭمۇ ياكى قىلمىساڭمۇ ئۆزگەرمەي، بىر ھالەتتە تۇرىدىغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر.

② يەنى قەۋمىڭنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن، مەزكۇر سۈپەتلىك كىشىلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، گۇمراھلىقتىن ساقلىنىشى ۋە ھەقنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگىن.

③ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادە قانۇنىيىتىنىڭ بايانى بولۇپ، ئىلگىرى ئىككى-ئۈچ قېتىم ئىزاھلاندى.

④ بۇ تەقدىر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنى ئاللاھ تائالا ھەر ئىنسان ۋە جىننىڭ دۇنياغا كەلگەندە ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەچكە، شۇنداق يېزىپ قويغان. بۇ يەردە شۇنداق دوزىخىيلار تىلغا ئېلىندىكى، ئۇلارنىڭ دوزاختا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن بىلەتتى. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىپ، دېيىلدىكى، كىمدە مەزكۇر سۈپەتلەر يۇقىرىدىكى شەكىلدە تېپىلىدىكەن، بىلىڭلاركى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولغۇسى.

لَهُمۡ قُلُوبٞ لَّا يَفۡقَهُونَ بِهَا وَلَهُمۡ أَعۡيُنٞ لَّا يُبۡصِرُونَ بِهَا وَلَهُمۡ
ءَاذَانٞ لَّا يَسۡمَعُونَ بِهَآۚ أُوْلَٰٓئِكَ كَٱلۡأَنۡعَٰمِ بَلۡ هُمۡ أَضَلُّۚ أُوْلَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلۡغَٰفِلُونَ ١٧٩ وَلِلَّهِ ٱلۡأَسۡمَآءُ ٱلۡحُسۡنَىٰ فَٱدۡعُوهُ بِهَاۖ وَذَرُواْ ٱلَّذِينَ
يُلۡحِدُونَ فِيٓ أَسۡمَٰٓئِهِۦۚ سَيُجۡزَوۡنَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٨٠

***ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ھەقنى) چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر①، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر [179]. ئاللاھنىڭ گۈزەل***

***ئىسىملىرى بار، شۇڭا، سىلەر ئاللاھنى شۇ ئىسىملار بىلەن چاقىرىڭلار②، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە (توغرا يولدىن) چەتنەپ كەتكەنلەرنى تەرك ئېتىڭلار (ئۇلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن)③، ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى (ئاخىرەتتە) تارتىدۇ [180].***

① يەنى ئاللاھ تائالانىڭ دىل، كۆز، قۇلاق قاتارلىق ئەزالارنى ئىنسانغا ئاتا قىلىشىدىكى سەۋەب، ئىنساننىڭ بۇ ئەزالاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز رەببىنى تونۇشى، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈشى، ھەق سۆزگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشى ئۈچۈندۇر. كىمكى بۇ ئەزالارنى ھەقىقەتنى تونۇشقا ئىشلەتمىسە، ئۇ گويا بۇلاردىن پايدىلىنالمىغاندەكلا بىر ئىش بولىدۇ، پايدا ئالالماسلىقتا ئۇلار ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ، ھەتتا ئۇلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر. ھايۋانمۇ ئۆزىگە پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئازراق بولسىمۇ، ھېس قىلىدۇ، پايدىلىق نەرسىلەردىن پايدىلىنىدۇ، زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىدۇ. لېكىن ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدىن يۈز ئۆرىگەنلەردە بۇنداق ئىقتىدار يوق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايدۇ. شۇڭا كېيىنكى ئايەتتە ئۇلار غاپىل دەپمۇ ئاتالدى.

② ﴿الْحُسْنَىٰ﴾ بولسا "أَحْسَنُ" دېگەن سۆزنىڭ چىشى جىنس شەكلى بولۇپ، گۈزەل دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ گۈزەل ئىسىملىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ باشقا سۈپەتلىرى، ئۇلۇغلىقى، كاتتىلىقى، قۇدرىتى ۋە بۈيۈكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. سەھىھ ھەدىسلەردە بۇ گۈزەل ئىسىملارنىڭ 99 ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ 99 گۈزەل ئىسمى بار. كىمكى ئۇ ئىسىملارنى (ساۋاب ئۈمىد قىلىپ) سانىسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 6410-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2677-ھەدىس) ئۇ ئىسىملارنى سانىسا دېگەننىڭ مەنىسى، ئۇلارغا ئىمان كەلتۈرسە، ئۇلارنى بەرىكەت تىلەش يۈزىسىدىن ئىخلاس بىلەن ئوقۇسا، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ يادلىسا، مەنىلىرىنى چۈشىنىپ، شۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، دېمەكتۇر. (مىشكاتنىڭ شەرھىسى مىرقاتتىن

ئېلىنىدى) بەزى ھەدىسلەردە بۇ 99 ئىسىم بىر-بىرلەپ زىكىر قىلىنغان. لېكىن بۇ ھەدىسلەر زەئىپ دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، ئۆلىمالار ئۇ ئىسىملارنى رىۋايەتچىلەرنىڭ ھەدىسكە قوشۇپ قويغان قوشۇمچىلىرىدىن ئىبارەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى 99 ئىسىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇر. (ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

③ «اِلْحَادٌ»نىڭ مەنىسى ھەقتىن چەتنەش، دىندىن يۈز ئۆرۈش دېمەكتۇر. «لَحَدٌ» «لەھەت» دېگەن سۆزمۇ «اِلْحَادٌ»تىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قەبرىنىڭ ئىچكى قىسمى دېگەن مەنىدە. دىندا ھەقىقەتتىنچەتنەش دېگەن ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلىش، دەھرىيلىك قىلىش، ھەقنى قويۇپ، گۇمراھلىقنى تاللاش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى توغرىسىدا ھەقتىن چەتنەپ كېتىشنىڭ بىر نەچچە خىل شەكىللىرى بار: 1-ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىش. يەنى مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشىدەك، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ زاتىغا بولغان «ئاللاھ» دېگەن ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر بۇتىنىڭ نامىنى لات دەپ ئاتىغان، يەنە ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن بولغان ئەزىز دېگەن ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، يەنە بىر بۇتىنىڭ نامىنى ئۇززا دەپ قويغان. 2-ئاللاھ تائالا بۇيرىمىغان تۇرسىمۇ ئۇنىڭ ئىسىملىرىغا خالىغانچە باشقا ئىسىملارنى قوشۇۋېلىش. 3-ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى كېمەيتىۋېتىش. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانى بىر ئىسىم-سۈپەت بىلەنلا ئاتاپ، باشقا سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاش ۋە چاقىرىشنى توغرا دەپ قارىماسلىق. (فەتھۇلقەدىر) ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ھەقتىن چەتنەشنىڭ يەنە بىر شەكلى، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى بۇرمىلىماق، ئوخشاتماق ياكى ئەمەلدىن قالدۇرماق قاتارلىقلار. (ئەيسەر تەپاسىر) مەزكۇر قىلمىشلار گۇمراھ پىرقىلەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ھەقتىن چەتنەپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىنى تەرك ئېتىشكە يەنى ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئەمر قىلدى.

وَمِمَّنْ خَلَقْنَآ أُمَّةٌ يَهْدُونَ بِٱلْحَقِّ وَبِهِۦ يَعْدِلُونَ ﴿١٨١﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟
بِـَٔايَـٰتِنَا سَنَسْتَدْرِجُهُم مِّنْ حَيْثُ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٨٢﴾ وَأُمْلِى لَهُمْ ۚ إِنَّ

كَيْدِى مَتِينٌ ﴿١٨٣﴾ أَوَلَمْ يَتَفَكَّرُواْ مَا بِصَاحِبِهِم مِّن جِنَّةٍ إِنْ هُوَ
إِلَّا نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿١٨٤﴾ أَوَلَمْ يَنظُرُواْ فِى مَلَكُوتِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا
خَلَقَ ٱللَّهُ مِن شَىْءٍ وَأَنْ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ قَدِ ٱقْتَرَبَ أَجَلُهُمْ
فَبِأَىِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُۥ يُؤْمِنُونَ ﴿١٨٥﴾

***بىز ياراتقان ئۈممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە شۇ ھەق بىلەن ئادىللىق قىلىدىغان بىر ئۈممەت بار [181]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز [182]. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، مېنىڭ تەدبىرىم ھەقىقەتەن پۇختىدۇر① [183]. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەمراھى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دا ھېچبىر مەجنۇنلۇق يوقلۇقىنى ئويلىمامدۇ؟ ئۇ پەقەت ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر② [184]. ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟③ ئۇلار (كالامۇللاھ ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟④ [185]***

① مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ شەخسلەر ۋە قەۋملەرنى سىناش ئۈچۈن بېرىدىغان مۆھلىتى ۋە ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرۇش تەدبىرىدۇر. ئاللاھ تائالا جازالاشنى ئىرادە قىلغان چاغدا ھېچكىم ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ تەدبىرى ناھايىتى پۇختىدۇر.

② بۇ يەردە ﴿صَاحِبِ﴾ (ھەمرا) دېگەن سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك زاتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشرىكلار ئۇنى بەزىدە سېھىرگەر، بەزىدە مەجنۇن (ئاللاھتىن پاناھلىق تىلەيمىز) دەپ بىلجىرلايتتى. بۇ يەردە ئۇلارغا دېيىلدىكى، مانا بۇ سىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلمىغانلىقىڭلارنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ بولسا، بىزنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىمىزنى يەتكۈزىدىغان، ھەقتىن غەپلەتتە قالغانلارنى، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبىرىمىز-دۇر.

③ يەنى ئەگەر ئۇلار بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزگەن بولسا، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتسۇن! ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنسۇن! ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنسۇن! ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتسۇن! كاپىر پېتى ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلانسۇن!

④ ﴿حَدِيثٍ﴾ دېگەن سۆزدىن بۇ يەردە قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئەگەر ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ۋە قۇرئان كەرىمگە ئىشەنمىسە، قۇرئاندىن كېيىن يەنە نېمىگە ئىشىنىدۇ؟! قۇرئاندىن باشقا ئاللاھ نازىل قىلغان ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغان يەنە نېمە بار؟

مَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَلَا هَادِيَ لَهُۥ ۚ وَيَذَرُهُمْ فِى طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١٨٦﴾
يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَىٰهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ رَبِّى ۖ لَا
يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَآ إِلَّا هُوَ ۚ ثَقُلَتْ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ لَا تَأْتِيكُمْ إِلَّا
بَغْتَةً ۗ يَسْـَٔلُونَكَ كَأَنَّكَ حَفِىٌّ عَنْهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ ٱللَّهِ
وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٨٧﴾

***ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى گۇمراھلىقىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن ھالدا قويۇپ بېرىدۇ [186]. (ئى پەيغەمبەر! مەككىلىك كاپىرلار) سەندىن قىيامەت①توغرۇلۇق «ئۇنىڭ يۈز بېرىدىغان ۋاقتى قاچان»② دەپ سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ئىلمى پەقەت رەببىمنىڭ دەرگاھىدىدۇر③، ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە پەقەت رەببىملا مەيدانغا چىقىرىدۇ، ئۇ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئېغىر (بىر ۋەقە) بولىدۇ④. ئۇ سىلەرگە پەقەت تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ». ئۇلار گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك⑤، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ئىلمى پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ [187].***

① ﴿السَّاعَةِ﴾ سائەت، دەقىقە، كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ۋاقىت دېمەكتۇر. قىيامەتنى سائەت دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ شۇ قەدەر تۇيۇقسىز كېلىدۇكى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە پۈتۈن كائىنات كۇمپەيكۇم بولۇپ كېتىدۇ ياكى قىيامەت تېز سۈرئەتتە كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن سائەت دەپ ئاتالغان.

② " أَرْسَى، يُرْسِيْ" دېگەن ۋۇجۇدقا كېلىش ۋە يۈز بېرىش دېگەن مەنىدە. ﴿مُرْسٰهَا﴾ ئۇنىڭ يۈز بېرىدىغان ۋاقتى دېگەن بولىدۇ، يەنى قىيامەت قاچان يۈز بېرىدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

③ يەنى ئۇنىڭ قاچان مەيدانغا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلمنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر ياكى پەرىشتە بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

④ ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرگە ئېغىر كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ مەخپىيدۇر، ھەر قانداق مەخپىي نەرسە دىللارغا ئېغىر كېلىدۇ.

⑤ ﴿حَفِيٌّ﴾ دېگەن كۆپ سوئال سوراپ ۋە تەكشۈرۈپ بىلگۈچى، ئالىم، مۇتەخەسسىس، پۇختا بىلگۈچى دېگەن مەنىدە. يەنى ئۇلار سەندىن، خۇددى سەن رەببىڭدىن قىيامەت ھەققىدە كۆپ سوئال سوراپ ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئېنىق بىلىۋالغاندەك، سورىشىدۇ.

قُلْ لَّآ أَمْلِكُ لِنَفْسِي نَفْعًا وَلَا ضَرًّا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ وَلَوْ كُنتُ أَعْلَمُ ٱلْغَيْبَ لَٱسْتَكْثَرْتُ مِنَ ٱلْخَيْرِ وَمَا مَسَّنِيَ ٱلسُّوٓءُۚ إِنْ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿١٨٨﴾ ۞ هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ وَجَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا لِيَسْكُنَ إِلَيْهَاۖ فَلَمَّا تَغَشَّىٰهَا حَمَلَتْ حَمْلًا خَفِيفًا فَمَرَّتْ بِهِۦۖ فَلَمَّآ أَثْقَلَت دَّعَوَا ٱللَّهَ رَبَّهُمَا لَئِنْ ءَاتَيْتَنَا صَٰلِحًا لَّنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٨٩﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا،***

***ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، ئۆزۈمنى زىياندىن توسۇپ قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ (قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى قانداقمۇ بىلەي؟). ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئېرىشۋالغان بولاتتىم، زىيان ـ زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن، شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى (قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن)»① [188]. ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان② ، ئۇنىڭ ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن③ ، ئايالىنى ئۇنىڭ ئۆز تېنىدىن ياراتقان④ زاتتۇر. ئۇ ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن⑤ ، ئايالى يېنىككىنە قورساق كۆتۈرۈپ ئېغىر بوي يۈردى⑥ ، ئۇ (بالىنىڭ قورساقتا ئۆسۈپ چوڭىيىشى بىلەن) ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، (ئەر ـ ئايال) ئىككىيلەن رەببى ئاللاھقا: «ئەگەر بىزگە (ئەزالىرى) بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، ئەلۋەتتە (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز»⑦ دەپ دۇئا قىلدى [189].***

① بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى ۋە غەيبنى بىلگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداق تۇرسىمۇ، بىر قىسىم بىدئەتچىلەر جاھىللىقى ھەم چەكتىن ئاشقانلىقى سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى غەيبنى بىلىدۇ دەپ بىلجىرلايدۇ. ھالبۇكى، بەزى غازاتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چىشلىرى سۇندۇرۇلغان، مۇبارەك يۈزلىرى زەخىملەنگەن، ھەتتا ئۇ «ئۆز پەيغەمبىرىنى زەخىملەندۈرگەن قەۋم قانداقمۇ نىجات تاپار؟» دەپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق ۋەقەلەر ھەدىس كىتابلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت چاپلانغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن بىر ئاي ناھايىتى غەمكىن ۋە قاتتىق بىئارام يۈرگەن ئىدى. بىر يەھۇدىي ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ، زەھەرلەنگەن گۆشنى ئالدىغا قويغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىلمەستىن ئاغزىغا سالغان ئىدى. ساھابىلەردىن بىرى شۇ گۆشنى يېگەنلىك سەۋەبىدىن

ئۆلـۈپ كەتكـەن، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامىۇ ئۆمرىنىـڭ ئاخىرىغىچـە شـۇ زەھەرنىـڭ تەسـىرىدىن بولغـان دەرتنـى تارتـىپ ياشـىغان ئىـدى. بۇنىڭغـا ئوخشـاش كۆپلىگـەن ۋەقەلەردىن ئايـان بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامغا غەيبنـى بىلمەسـلىكى سـەۋەبىدىن ئىغىـر كۆلپـەت يەتكـەن ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. بۇ ۋەقەلـەر قۇرئـان كەرىـم بايـان قىلغـان ﴿ئەگـەر مـەن غەيبنـى بىلىدىغـان بولسـام، نۇرغـۇن ياخشـىلىقلارنى ھاسـىل قىلغـان بولاتتـىم، زىيان-زەخمەتكـە ئۇچرىمىغـان بولاتتـىم﴾ دېگـەن ھەقىقەتنىـڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

② يەنـى ئاللاھ دەسـلەپتە ئـادەم ئەلەيھىسسـالامدىن ئىبـارەت بىـر جاندىـن سـىلەر ئىنسـانلارنى ياراتقـان زاتتـۇر. شـۇڭا ئـادەم ئەلەيھىسسـالام تۇنجـى ئىنسان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

③ يەنـى بەھـرە ئېلىشـى، يېقىنچىلىـق ھاسـىل قىلىشـى ۋە ھۇزۇرلىنىشـى ئۈچـۈن. چۈنكـى، ھـەر بىـر مەخلـۇق ئۆزىنىـڭ تىپـى بىلـەنلا ھەقىقىي رەۋىشـتە يېقىنچىلىـق ھاسـىل قىلالايـدۇ، ئۇنىسـى-ئۈلپـەت ئالالايـدۇ ۋە ھۇزۇرلىنالايـدۇ، ئـۆز تىپىدىـن بولـۇش مېھـر - مۇھەببـەت ھاسـىل قىلىش ئۈچـۈن ئىنتايىـن مۇھىـم بولـۇپ، ئـۇ يېقىنچىلىقسـىز ھاسـىل بولمايـدۇ. يەنـە بىـر ئايەتتـە ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دېـدى: ﴿ئايالـلار بىلـەن ئۇنىسـى-ئۈلپەت ئېلىشـىڭلار ئۈچـۈن (ئاللاھنىـڭ) ئۇلارنـى سـىلەرنىڭ ئـۆز تىپىڭلاردىـن ياراتقانلىقـى، ئـاراڭلاردا (يەنـى ئەر-خوتـۇن ئارىسـىدا) مېھر-مۇھەببـەت ئورناتقانلىقـى ئاللاھنىـڭ (كامالـى قۇدرىتىنـى كۆرسـىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىنـدۇر﴾. (سۈرە رۇم 21-ئايـەت) يەنـى ئاللاھ تائـالا ئەر-ئايالLارنىـڭ تەبىئىتـىدە بىـر-بىرىگـە مېھىر-مۇھەببـەت، مايىللىـق ۋە جەلپكارلىقنـى ئورناتتـى، بـۇ تەبىئـي مېھىر-مۇھەببـەت پەقـەت بىـر جـۈپ بولـۇپ ياشـاش بىلـەنلا ئەمەلگـە ئاشـىدۇ ھەمـدە بىر-بىرىدىـن ئۇنىسـى-ئۈلپەت ئالىـدۇ ۋە يېقىنچىلىـق ھاسـىل قىلىـدۇ. شـۇڭا ھەممـە ئېتىـراپ قىلغـان ھەقىقـەت شـۇكى، ئەر-خوتـۇن ئارىسـىدا بولىدىغـان ئۆزئـارا مېھىر-مۇھەببـەت دۇنيـادا باشـقا ھېچكىمنىـڭ ئارىسـىدا بولمايدۇ.

④ بۇنىڭـدا ھـەۋۋا ئانـا كـۆزدە تۇتۇلىـدۇ، ئـۇ ئـادەم ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئايالـى بولـدى. ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن يارىتىلـدى .بۇ يەردىكى ﴿ مِنۡهَا ﴾ «ئۇنىڭدىـن، ئۇنىـڭ ئـۆز تىپىدىـن» دېگـەن ئالمـاش ئايەتتىكى ﴿ نَّفۡسٖ وَٰحِدَةٖ﴾ «بىـر جان»نى كۆرسىتىدۇ. (سۈرە نىسا 1-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ)

⑤ يەنى شۇ تەرىقىدە ئىنسانلارنىڭ نەسلى داۋاملىشىپ، كۆپىيىپ ماڭىدى. ئۇ ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن ئايالى ھامىلدار بولدى.

⑥ يەنى ھامىلىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، ئابىمەنى ھالىتىدىن لەختە قان بولغانغا ھەتتا بىر پارچە گۆشكە ئايلانغانغا قەدەر ھامىلە ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ. ھامىلدار ئايال ئۇنى تۇيمايدۇ، ئېغىرلىقىمۇ ھېس قىلمايدۇ.

⑦ «ئېغىرلاشقاندىن كېيىن» يەنى ھامىلە قورساقتا ئاستا-ئاستا چوڭ بولۇپ، تۇغۇت يېقىنلاشقاندا دېمەكتۇر. ئومۇمەن بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا-ئانىنىڭ قەلبىدە ئەنسىرەش ۋە خەۋپسىرەش پەيدا بولىدۇ. ئىنساننىڭ تەبىئىتى شۇكى، خەۋپ-ئەندىشىدە قالغاندا (خۇسۇسەن تولغاق ئاغرىقى تۇتقاندا) تەبىئىيلا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ. شۇنداق ۋاقىتتا ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسى ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، مۇشۇ ئۆتكەلدىن تىنچ-ئامان ئۆتكۈزسە، شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولۇشقا ئەھدە قىلىدۇ.

فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُمَا صَٰلِحٗا جَعَلَا لَهُۥ شُرَكَآءَ فِيمَآ ءَاتَىٰهُمَاۚ فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ
عَمَّا يُشۡرِكُونَ ١٩٠ أَيُشۡرِكُونَ مَا لَا يَخۡلُقُ شَيۡـٔٗا وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ ١٩١ وَلَا
يَسۡتَطِيعُونَ لَهُمۡ نَصۡرٗا وَلَآ أَنفُسَهُمۡ يَنصُرُونَ ١٩٢ وَإِن تَدۡعُوهُمۡ إِلَى
ٱلۡهُدَىٰ لَا يَتَّبِعُوكُمۡۚ سَوَآءٌ عَلَيۡكُمۡ أَدَعَوۡتُمُوهُمۡ أَمۡ أَنتُمۡ صَٰمِتُونَ ١٩٣
إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ عِبَادٌ أَمۡثَالُكُمۡۖ فَٱدۡعُوهُمۡ
فَلۡيَسۡتَجِيبُواْ لَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ١٩٤

***ئاللاھ ئۇلارغا بېجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىۋىدى، ئۇلار*** *(نىڭ ئەۋلادلىرىدىن بەزىسى) ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نەرسىسى (پەرزەنتلىرى) ھەققىدە ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالدى①*، ***ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىدىن پاكتۇر [190]. ئۇلار ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان، (بەلكى) ئۆزلىرى يارىتىلغان نەرسىلەرنى (ئاللاھقا) شېرىك***

***قىلمۇۋالامدۇ؟ [191] ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ [192]. ئۇ نەرسىلەرنى توغرا يولغا چاقىرساڭلارمۇ، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ②. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاشتۇر (يەنى سىلەر قايسى ھالەتتە بولماڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەستۇر) [193]. شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بەندىلەردۇر (مەخلۇقاتتۇر)③، ئەگەر (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، ئۇلار دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن! [194].***

① «شېرىك قىلىۋېلىش» دېگەنگە بالىغا ئىسىم بەخش، پىر بەردى، ئابدۇشەمس (قۇياشنىڭ بەندىسى)، ئابدۇئەلى (ئەلىنىڭ بەندىسى) دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشمۇ كىرىدۇ. دېمەك ئاللاھ بەرگەن پەرزەنتنى پالانى پىر-خوجا ۋە بۇزرۇكۋارنىڭ (ئاللاھ پاناھ بەرسۇن) رەھمەت نەزىرى بىلەن قاراپ قويغانلىق سەۋەبىدىن تۇغۇلغان دەپ قاراش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ پىرىغا بولغان ئەقىدىسىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن بىز پالانى بۇزرۇكنىڭ يېنىغا ياكى قەبرىسىگە بارغان، نەتىجىدە بۇ بالا تۇغۇلغان دەپ قاراش ياكى قايسىبىر ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ نەزىرىسىنى قىلغاندىن كېيىن ياكى خوتۇنىنى بىراۋنىڭ قەبرە بېشىغا ئاپىرىپ، ئۇ يەرگە لاتا باغلاپ قويۇپ كەلگەندىن كېيىن بۇ بالا تۇغۇلغان دەپ قاراش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلەرگە رەددىيە بېرىلىدۇ.

② يەنى ئۇ نەرسىلەر سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە ئىش قىلمايدۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئەگەر سىلەر ئۇلاردىن ھىدايەت ۋە توغرا يول كۆرسىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلساڭلارمۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى قوبۇل قىلمايدۇ ھەم سىلەرگە جاۋابمۇ بەرمەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا سىلەرگە ئوخشاش بەندىلەر ئىدى، ئەمما ھازىر سىلەر ئۇلاردىن كۈچلۈك، چۈنكى ئۇلار كۆرەلمەيدۇ، سىلەر كۆرەلەيسىلەر، ئۇلار ئاڭلىيالمايدۇ، سىلەر ئاڭلىيالايسىلەر، ئۇلار

ھېچنېمىنى چۈشۈنەلمەيدۇ، سىلەر چۈشۈنەلەيسىلەر، ئۇلار جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، سىلەر جاۋاب قايتۇرالايسىلەر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مۇشرىكلار ئۆزلىرى ھەيكەللىرىنى ياساپ، چوقۇنغان بۇتلار ئىلگىرى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىدى، يەنى ئىنسانلار ئىدى. مەسىلەن: سەھىھۇل بۇخارىدا بايان قىلىنىشىچە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى چوقۇنغان بەش بۇت ئىلگىرى ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرى ئىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4920-ھەدىس)

أَلَهُمۡ أَرۡجُلٞ يَمۡشُونَ بِهَآۖ أَمۡ لَهُمۡ أَيۡدٖ يَبۡطِشُونَ بِهَآۖ أَمۡ لَهُمۡ أَعۡيُنٞ
يُبۡصِرُونَ بِهَآۖ أَمۡ لَهُمۡ ءَاذَانٞ يَسۡمَعُونَ بِهَاۗ قُلِ ٱدۡعُواْ شُرَكَآءَكُمۡ
ثُمَّ كِيدُونِ فَلَا تُنظِرُونِ ﴿١٩٥﴾ إِنَّ وَلِـِّۧيَ ٱللَّهُ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلۡكِتَٰبَۖ وَهُوَ
يَتَوَلَّى ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٩٦﴾ وَٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَسۡتَطِيعُونَ
نَصۡرَكُمۡ وَلَآ أَنفُسَهُمۡ يَنصُرُونَ ﴿١٩٧﴾

*ئۇلار (يەنى بۇتلار)نىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ ۋەياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟① (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «شېرىكلىرىڭلارنى (يەنى سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن ماڭا ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەي (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) زىيانكەشلىك قىلىپ بېقىڭلار (مەن ئاللاھقا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن)② [195]. شەكسىزكى، مېنىڭ ئىگەم كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلغان ئاللاھتۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ [196]. سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ③ [197].*

① دېمەك ھازىر ئۇلاردا ھېچبىر ئىقتىدار مەۋجۇت ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىنلا ئۇلاردىكى كۆرۈش، ئاڭلاش، چۈشۈنۈش ۋە مېڭىش ئىقتىدارى

يوقالغان. ئەمدى ئۇلارغا تەۋە تاش ياكى ياغاچتىن ياسالغان ھەيكەللەر، مازارلىقتا تىكلەنگەن قەبرە تاشلىرى ۋە گۈمبەزلەر قالدى. ئۇلارنىڭ مازارلىقلىرى تىلەمچىلەر جەمگاھىغا ئايلاندى.

② يەنى ئەگەر سىلەر ئۇلارنى مەدەتكارىمىز دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۇلاردىن ياردەم سوراپ، ماڭا قارشى تەدبىر قوللىنىپ بېقىڭلار.

③ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان بۇتلار، باشقىلارغا قانداقمۇ ياردەم قىلالىسۇن؟ بىر شائىر مۇنداق دېگەن : «موھتاجدىن تىلەيسەن تىلەك، بۇ قىلمىشىڭ بىرەر نېمىدىن دېرەك.»

وَإِن تَدۡعُوهُمۡ إِلَى ٱلۡهُدَىٰ لَا يَسۡمَعُواْۖ وَتَرَىٰهُمۡ يَنظُرُونَ إِلَيۡكَ وَهُمۡ لَا يُبۡصِرُونَ ﴿١٩٨﴾ خُذِ ٱلۡعَفۡوَ وَأۡمُرۡ بِٱلۡعُرۡفِ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿١٩٩﴾ وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ نَزۡغٞ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٠٠﴾

*ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭلار، ئۇلار (ھىدايەت تاپماق تۈگۈل دەۋەتنى) ئاڭلىمايدۇ، (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ساڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار كۆرمەيدۇ [198]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن①، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن ۋە، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)③ [199]. ئەگەر سەن شەيتاندىن بىرەر ۋەسۋەسىنى ھېس قىلساڭ، دەرھال ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن④. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [200].*

① بەزى ئۆلىمالار بۇنىڭ مەنىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق مېلىنى ئالغىن» بۇ زاكات پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ھۆكۈم ئىدى. (فەتھۇلبارى، 8-توم، 388-بەت) ئەمما باشقا مۇپەسسىرلەر بۇنى ئەخلاقىي تەلىمات دەپ ئېلىپ، «ئەپۇ قىلغىن، كەچۈرۈم قىلغىن»

دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ. ئىمام ئىبنى جەرىر ۋە ئىمام بۇخارى قاتارلىق ئۆلىمالار بۇ قاراشنى ئەۋزەل دېگەن. ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇيەينە ئىبنى ھىسىن باشقا يۇرتتىن كېلىپ، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھۇررە ئىبنى قەيسنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ھۇررە ئىبنى قەيس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن ئىدى. ئۇيەينە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىپ: ‹ئى خەتتابنىڭ ئوغلى ئۆمەر! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە يېتەرلىك مال-مۈلۈك بەرمەيسەن، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلمايسەن› دېدى. بۇ سۆزگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. بۇنى كۆرگەن ھۇررە ئۇنىڭغا: ‹ئى مۇئمىنلەرنىڭ باشلىقى، ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە: ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾ دېگەن ئىدى. بۇ كىشى بولسا نادانلاردىندۇر› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئەپۇ قىلدى. چۈنكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ھەر قاچان ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىرەر بۇيرۇقنى ئاڭلىسا، دەرھال بويسۇن ئىگەتتى.» (سەھىھۇل بۇخارى 4642-ھەدىس) بۇ ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى جىبرىئىل! بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا سېنى ساڭا زورلۇق قىلغان كىشىنى كەچۈرۈشكە، ساڭا بىر نەرسە بەرمىگەن كىشىگە بېرىشكە، سەندىن سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇدى» دېدى.

② ﴿الْعُرْفِ﴾ مەرۇپ، ياخشىلىق، مەرھەمەت، سېخىيلىق دېمەكتۇر.

③ يەنى سەن ياخشىلىققا بۇيرۇشتىكى دەلىل-ئىسپات ھازىرلاش ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىپ بولدۇڭ، ئەگەر ئۇلار يەنىلا قوبۇل قىلمىسا، ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن، ئۇلارنىڭ دەتالاش ۋە ھاماقەتلىكلىرىگە جاۋاب قايتۇرمىغىن.

④ مۇشۇنداق چاغدا شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ، غەزەپلەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلسا، ئاللاھ تائالادىن پاناھلىق تىلىگىن.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ إِذَا مَسَّهُمۡ طَٰٓئِفٞ مِّنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم
مُّبۡصِرُونَ ﴿٢٠١﴾ وَإِخۡوَٰنُهُمۡ يَمُدُّونَهُمۡ فِي ٱلۡغَيِّ ثُمَّ لَا يُقۡصِرُونَ ﴿٢٠٢﴾ وَإِذَا

لَمْ تَأْتِهِم بِـَٔايَةٍ قَالُوا۟ لَوْلَا ٱجْتَبَيْتَهَا ۚ قُلْ إِنَّمَآ أَتَّبِعُ مَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ
مِن رَّبِّى ۚ هَٰذَا بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمْ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٢٠٣﴾
وَإِذَا قُرِئَ ٱلْقُرْءَانُ فَٱسْتَمِعُوا۟ لَهُۥ وَأَنصِتُوا۟ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٢٠٤﴾
وَٱذْكُر رَّبَّكَ فِى نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ ٱلْجَهْرِ مِنَ ٱلْقَوْلِ
بِٱلْغُدُوِّ وَٱلْـَٔاصَالِ وَلَا تَكُن مِّنَ ٱلْغَٰفِلِينَ ﴿٢٠٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ عِندَ
رَبِّكَ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِۦ وَيُسَبِّحُونَهُۥ وَلَهُۥ يَسْجُدُونَ
۩ ﴿٢٠٦﴾

*تەقۋادارلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئېسىگە ئالىدۇ ـ دە، شۇ ھامان ھەقىقەتنى كۆرۈۋالىدۇ (شۇنىڭ بىلەن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن خالاس تاپىدۇ)① [201]. ئۇ شەيتانلار ئۆزلىرىنىڭ (كاپىر) بۇرادەرلىرىنى بولۇشىچە ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ② [202]. ئۇلارغا (ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزە كەلتۈرمىسەڭ③، ئۇلار: «ئۇنى ئۆزۈڭ ئويدۇرۇپ چىقساڭ بولمامتى؟» دېيىشىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «(ئىش مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) مەن پەقەت رەببىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيي قىلىنغاننىلا ئەمەل قىلىمەن (ئۆزلىكىمدىن مۆجىزە يارىتالمايمەن)④، بۇ (قۇرئان سىلەرگە) رەببىڭلار تەرىپىدىن (كەلتۈرۈلگەن) دەلىللەردۇر (قۇرئان باشقا مۆجىزىلەرگە ئېھتىياج قالدۇرمايدۇ)، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر» [203]. مەرھەمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)⑤ [204]. رەببىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۈنىڭغا پەس ئاۋازدا زىكىر ئېيتقىن، غاپىللاردىن بولمىغىن [205]. رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى (پەرىشتە)لەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، ئاللاھقا (كېچە ـ كۈندۈز) تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ [206].*

① بۇ ئايەتتە تەقۋادار كىشىلەرنىڭ شەيتاندىن يىراق ياشايدىغانلىقى بايان قىلىندى. ﴿طَٰٓئِفٞ﴾ دېگەن ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن ياكى چۈشىدە كۆرگەن خىيالنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن، چۈنكى شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىمۇ خىيالى تەسەۋۋۇرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى شەيتان كاپىرلارنى گۇمراھلىق تەرەپكە تارتىپ ئېلىپ كېتىدۇ، كاپىرلارمۇ گۇمراھلىق يولىغا مېڭىشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ، شەيتانلارمۇ ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن يالتىيىپ قالمايدۇ. بۇ يەردىكى «بوشىشىپ قالمايدۇ» دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى كاپىرلار بولۇشىمۇ ياكى كاپىرلارنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان شەيتانلار بولۇشىمۇ مۇمكىن.

③ يەنى ئۇلارنىڭ خاھىشلىرى بويىچە، ئۇلار دېگەندەك مۆجىزىلەرنى كۆرسەتمىسەڭ. ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ بىر قىسمى سۈرە ئىسرادا (90-ئايەتتىن 93-ئايەتكىچە) بايان قىلىندى.

④ ﴿لَوۡلَا ٱجۡتَبَيۡتَهَا﴾نىڭ مەنىسى، مۆجىزىنى ئۆزۈڭ بارلىققا كەلتۈرسەڭ بولماسمىدى ؟ دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭغا جاۋابەن دېيىلدىكى، مۆجىزە كەلتۈرۈش مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئىش ئەمەس، مەن پەقەت پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن. ئەلۋەتتە، ئاللاھ ماڭا بەرگەن بۇ قۇرئاننىڭ ئۆزىلا چوڭ بىر مۆجىزىدۇر. ئۇنىڭدا سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن، نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ۋە پاكىتلار بار. بۇ قۇرئان ئىمان كەلتۈرىدىغان كىشىلەرگىلا ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.

⑤ بۇ يەردە قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا غەلۋە قىلىدىغان ۋە يارەنلىرىگە: ﴿بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 26-ئايەت) دەيدىغان كاپىرلارغا دېيىلدىكى: ئەگەر سىلەر ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلىساڭلار ۋە جىم تۇرساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشى مۇمكىن، شۇندىلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولىسىلەر.

# سۈرە ئەنفال

| (٨) سورة الأنفال مدنية ٧٥ آية | (8) سۈرە ئەنفال مەدىنىدە چۈشكەن 75 ئايەت |
|---|---|

## بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَنفَالِۖ قُلِ ٱلۡأَنفَالُ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
وَأَصۡلِحُواْ ذَاتَ بَيۡنِكُمۡۖ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ١
إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَإِذَا تُلِيَتۡ
عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ٢

***(ئى پەيغەمبەر! ساھابىلىرىڭ) سەندىن غەنىيمەتلەر① (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىيمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر②، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار. ئەگەر سىلەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار③». [1]. ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر④ [2].***

① ﴿اَنْفَالِ﴾ بولسا " نَفْلٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، زىيادە، ئارتۇق دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئېرىشكەن ئولجا قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ غەنىيمەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. غەنىيمەتنىڭ " نَفْلٌ " «ئارتۇق، زىيادە» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە بىر نەرسە زىيادە (ئارتۇق) ھالال قىلىندى ياكى غەنىيمەت جىھادنىڭ (ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان) ساۋابىدىن بۆرۈن، دۇنيادا بېرىلگەن زىيادە بىر نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، چۈنكى بەزىدە جىھادنىڭ نەتىجىسى دۇنيادا كۆرۈلىدۇ.

② يەنى غەنىيمەتلەر ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تەۋەدۇر. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى رەببىنىڭ ئەمرى بويىچە غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىدۇ. ئۆزۈڭلار خالىغانچە بۆلۈشۈۋالساڭلار توغرا بولمايدۇ.

③ دېمەك، مەزكۇر ئۈچ نەرسىگە ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، ئىمان مۇكەممەل بولمايدۇ. بۇنىڭدىن تەقۋادارلىق، ئارىنى تۈزەش، ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ئايان بولىدۇ. خۇسۇسەن غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشتا بۇ ئۈچ بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىش زۆرۈر. چۈنكى غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلغاندا ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئارىنى تۈزەشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى. تەڭسىزلىك ۋە خىيانەت قىلىش ئېھتىماللىقى بولغاچقا، تەقۋادارلىققا بۇيرۇلدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ يەنە مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئىتائىتىگە قايتىشقا بۇيرۇلدى.

④ بۇ ئايەتلەردە مۆئمىنلەرنىڭ تۆت خىل سۈپىتى بايان قىلىندى. 1. ئۇلار ئاللاھقا ۋە رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىدۇ، پەقەت ئاللاھقىلا (يەنى قۇرئانغىلا) ئىتائەت قىلىمىز دەپ تۇرىۋالمايدۇ. 2. ئاللاھ تائالا ياد ئېتىلسە، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت-جالالىتىدىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى تىترەيدۇ. 3. قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلىغاندا ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچىيىدۇ (بۇنىڭدىن ئىماننىڭ ئاجىزلايدىغان ۋە كۈچىيىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ).4 . ئۇلار رەببىگە

تەۋەككۇل قىلىدۇ. تەۋەككۇلنىڭ مەنىسى تاشقى سەۋەب-ئامىللارنى ھازىرلىغاندىن كېيىن ئىشنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇش دېمەكتۇر. يەنى ئۇلار سەۋەب-ئامىللارنى تاشلاپ قويمايدۇ، چۈنكى سەۋەب قىلىشقىمۇ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان. لېكىن تاشقى سەۋەبنىڭ ئۆزىلا ھەممىگە يېتەرلىك دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئۇلار شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى، ھەر قانداق ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بولماي تۇرۇپ، تاشقى سەۋەب-ئامىللار ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد بىلەن تۇرۇپ، يەنە ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراشنى بىر دەممۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ، مەدەت تىلەشتىن غاپىلمۇ بولۇپ قالمايدۇ.

تۆۋەندە مۆمىنلەرنىڭ يەنە باشقا سۈپەتلىرى بايان قىلىنىپ، ئۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلارغا ئاللاھ تائالا تەرەپتىن راستچىل مۆمىن دېيىلگەن «گۇۋاھنامە» بېرىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يەنە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىپ، ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىلىدۇ. (ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن)

بەدر غازىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى: بەدر غازىتى ھىجرىيەنىڭ 2-يىلى بولغان، بۇ كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق
غازات ئىدى. بۇ ئالدىن پىلانلانماستىن، تەييارلىق قىلماستىن، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر غازات بولدى. قورال-ياراق تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىنمۇ تەييارلىقى يوق ئىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ يۈز بېرىش جەريانى تۆۋەندىكىدەك: ئەبۇ سۇفيان (ئۇ چاغدا مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى)نىڭ باشچىلىقىدىكى بىر سودا كارۋىنى شامدىن مەككىگە كېتىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مال-مۈلۈكلىرى ئۇ يەردە قالغان ۋە بەزىلەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى كاپىرلار تارتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كاپىرلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئاجىزلىتىشمۇ ۋاقتىنىڭ تەقەززاسىغا ئايلانغان ئىدى. مەزكۇر ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودا كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزدى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئېلىپ مەدىنىدىن

يولغا چىقتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئەبۇ سۇفيان ماڭىدىغان يولنى ئۆزگەرتتى ۋە مەككىگە ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ خەۋەرگە ئاساسەن ئەبۇ جەھىل مەككىدىن بىر توپ قوشۇننى باشلاپ، كارۋاننى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن بەدىر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ساھابە كىراملارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى شۇكى، ئىككى گۇرۇھ (كارۋان ۋە قوشۇن(نىڭ بىرى چوقۇم سىلەرگە نېسىپ بولىدۇ، دېدى. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم ساھابىلەر ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىپ، سودا كارۋىنىنى قوغلاشقا مەسلىھەت بەردى، قالغان ساھابىلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قۇرەيش قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى تولۇق قوللايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. شۇ چاغدا بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى.

ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ٣ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡمُؤۡمِنُونَ حَقّٗاۚ لَّهُمۡ دَرَجَٰتٌ عِندَ رَبِّهِمۡ وَمَغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ٤
كَمَآ أَخۡرَجَكَ رَبُّكَ مِنۢ بَيۡتِكَ بِٱلۡحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقٗا مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ
لَكَٰرِهُونَ ٥

*ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ [3]. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرى) بار [4]. بۇ خۇددى رەببىڭنىڭ سېنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئۆيۈڭدىن (بەدرى غازىتىغا) چىقارغانلىقىغا ئوخشاشتۇر①، ھالبۇكى، مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (قۇرەيش لەشكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشنى) ھەقىقەتەن ياقتۇرمايتتى② [5].*

① يەنى غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىش مەسىلىسى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ بولۇشقا سەۋەب بولغان ئىدى. بۇ مەسىلە ئاللاھ ۋە

رەسۇلىغا ھاۋالە قىلىنغاندىن كېيىن، نەتىجە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولدى. شۇنىڭدەك سىنىڭ مەدىنىدىن چىقىشىڭ، ئاندىن يولدا سودا كارۋىنىغا ئۇچراشماي، قۇرەيش لەشكەرلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشىڭ، گەرچە بەزى ئادەملەرگە ياقمىغان بولسىمۇ، ئاخىرقى نەتىجىدە يەنىلا مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولدى.

② قۇرەيش لەشكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغانلار بىر قانچە ئادەم ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ مەدىنىدىن چىققانلىقىغا نارازى بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت قورال-ياراقلارنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن ئىدى.

يُجَٰدِلُونَكَ فِي ٱلۡحَقِّ بَعۡدَ مَا تَبَيَّنَ كَأَنَّمَا يُسَاقُونَ إِلَى ٱلۡمَوۡتِ وَهُمۡ يَنظُرُونَ ۝٦ وَإِذۡ يَعِدُكُمُ ٱللَّهُ إِحۡدَى ٱلطَّآئِفَتَيۡنِ أَنَّهَا لَكُمۡ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيۡرَ ذَاتِ ٱلشَّوۡكَةِ تَكُونُ لَكُمۡ وَيُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُحِقَّ ٱلۡحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ وَيَقۡطَعَ دَابِرَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ۝٧ لِيُحِقَّ ٱلۡحَقَّ وَيُبۡطِلَ ٱلۡبَٰطِلَ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ۝٨ إِذۡ تَسۡتَغِيثُونَ رَبَّكُمۡ فَٱسۡتَجَابَ لَكُمۡ أَنِّي مُمِدُّكُم بِأَلۡفٖ مِّنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُرۡدِفِينَ ۝٩

*ئۇلار ھەقىقەت (يەنى ئۇرۇشۇش مەسىلىسى) ئۈستىدە، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىنمۇ①، گويا ئۇلار قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك②، سەن بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى [6]. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ (مۇشرىكلار كارۋىنى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنى) ئىككى گۇرۇھتىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا ئۆتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى③، سىلەر بولساڭلار قورالسىز گۇرۇھ (كارۋان)نىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈشىنى ياقتۇراتتىڭلار④. ئاللاھ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايتتى [7]. (بۇنداق قىلىش) گەرچە گۇناھكارلار ياقتۇرمىسىمۇ، ئاللاھنىڭ ھەقنى ھەق (يەنى ئىسلامنى ئاشكارا ۋە مۇستەھكەم) قىلىشى، باتىل (يەنى كۇفرى)نى بەربات قىلىشى ئۈچۈندۇر⑤ [8].*

***ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (دۇئا قىلىپ) رەببىڭلاردىن ياردەم تىلىگەن ئىدىڭلار، رەببىڭلار: «سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى [9].***

① يەنى كارۋاننىڭ قېچىپ قۇتۇلغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئەمدى قۇرەيش لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا يول قالمىغان ئىدى.

② بۇ قورال-ياراق كەم ھەم تەييارلىقسىز ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردا كۆرۈلگەن ئەندىشىلىك ھالەت تەسۋىرىدۇر.

③ يەنى بىر بولسا، سىلەرگە سودا كارۋىنى ئۇچراپ، ئۇرۇش قىلماستىن نۇرغۇن مال-مۈلۈككە ئىگە بولسىلەر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، قۇرەش لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىسىلەر.

④ يەنى سىلەر سودا كارۋىنىنى توسۇپ، ئۇرۇش قىلماي مال-دۇنياغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار.

⑤ سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلارنىڭ ئەكسىچە، گەرچە گۇناھكارلار (مۇشرىكلار) ياقتۇرمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ شان-شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا پەرىشانلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قۇرەيش لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلارنى خالايتتى.

⑥ بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 313 ئىدى، ئەمما كاپىرلارنىڭ سانى ئۇلاردىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق (يەنى مىڭغا يېقىن) ئىدى. يەنە مۇسۇلمانلاردا قورال-ياراق تولۇق ئەمەس ئىدى، كاپىرلاردا قورال-ياراقلار يېتەرلىك ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەتكارى پەقەت ئاللاھ تائالا ئىدى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان ھالدا ياردەم تىلەپ، ئىلتىجا قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئايرىم بىر چېدىردا قاتتىق زارلىنىپ رەببىگە دۇئا قىلىۋاتاتتى. (سەھىھۇل بۇخارى، 3953-، 3957-ھەدىس) ئاللاھ تائالا بۇ دۇئالارنى ئىجابەت قىلدى. نەتىجىدە

ماڭ پەرىشتە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئارقا-ئارقىدىن مۇسۇلمانلارغا ياردەمگە كەلدى.

وَمَا جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا بُشْرَىٰ وَلِتَطْمَئِنَّ بِهِۦ قُلُوبُكُمْ ۚ وَمَا ٱلنَّصْرُ إِلَّا
مِنْ عِندِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿١٠﴾ إِذْ يُغَشِّيكُمُ ٱلنُّعَاسَ أَمَنَةً
مِّنْهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيْكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً لِّيُطَهِّرَكُم بِهِۦ وَيُذْهِبَ
عَنكُمْ رِجْزَ ٱلشَّيْطَٰنِ وَلِيَرْبِطَ عَلَىٰ قُلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ
ٱلْأَقْدَامَ ﴿١١﴾ إِذْ يُوحِى رَبُّكَ إِلَى ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ أَنِّى مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا۟ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ ۚ سَأُلْقِى فِى قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلرُّعْبَ فَٱضْرِبُوا۟ فَوْقَ
ٱلْأَعْنَاقِ وَٱضْرِبُوا۟ مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ ﴿١٢﴾

***ئاللاھ (پەرىشتىلەرنى چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ياردەمنى) پەقەت سىلەرگە (غەلىبىدىن) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا قىلدى. ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ①. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [10]. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سىلەرگە يەڭگىل بىر ئۇيقۇ بېغىشلىغان ئىدى②؛ سىلەرنى پاكلاش ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن③، كۆڭلۈڭلارنى توق تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، قەدەمڭلارنى (قۇملۇقتا) مەزمۇت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن④، ئاللاھ سىلەرگە ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى [11]. ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە. مۇئمىنلەرنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم تۇرغۇزۇڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن⑤» دەپ ۋەھيي قىلغان ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە ئۇرۇڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ بارماقلىرىغا ئۇرۇڭلار (يەنى ھەممە بارماقلىرىنى چېپىپ تاشلاڭلار)⑥ [12].***

① يەنى پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەنلىكى پەقەت سىلەرگە غەلىبىدىن بېشارەت بېرىش ۋە سىلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈنلا ئىدى، بولمىسا ئەسلىدە ياردەم پەقەت ئاللاھتىنلا كېلەتتى، ئۇ پەرىشتىلەرنى چۈشۈرمەي تۇرۇپمۇ، سىلەرگە ياردەم قىلالايتتى. بۇنىڭدىن پەرىشتىلەر ئۇرۇشقا ئەمەلىي شەكىلدە قاتناشمىغان دەپ چۈشىنىش توغرا ئەمەس. ئۇرۇشقا پەرىشتىلەرنىڭمۇ قاتناشقانلىقى ۋە بىر نەچچە كاپىرلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەدىسلەردە كەلگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 3995 ـ ھەدىس)

② ئۇھۇد غازىتىدەك بەدىر غازىتىدىمۇ ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۈيقۇ بېغىشلىغان ئىدى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغان ئېغىرلىق يەڭگىللىدى، ھەمدە ئۇلاردا ئاجايىپ بىر خىل تەمكىنلىك ۋە خاتىرجەملىك كەيپىياتى شەكىللەندى.

③ ئۇلارغا بېرىلگەن ئۈچىنچى نېمەت يامغۇر ئىدى، بۇنىڭ بىرىنچى پايدىسى، قۇملۇقتا مېڭىش ۋە ھەرىكەت قىلىش قولايلاشتى. ئىككىنچىسى، تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسۇل قىلىش ئاسانلاشتى. ئۈچىنچىسى، يامغۇر بىلەن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈۋەتتى. شەيتان ئۇلارغا: «سىلەر ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى تۇرۇپ سۇغا ئېرىشەلمىدىڭلار، جۇنۇپ ھالەتتە ئۇرۇش قىلساڭلار، سىلەرگە ئاللاھنىڭ نۇسرىتى قانداق كېلىدۇ؟ سىلەر ئۇسسۇزلۇقتا قالدىڭلار، دۈشمەنلەر بولسا سۇغا قاندى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە پەيدا قىلىۋاتاتتى.

④ ئۇلارغا بېرىلگەن تۆتىنچى نېمەت، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى ۋە قەدەملىرىنى مەزمۇت تۇرغۇزدى.

⑤ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزى تەرىپىدىن ۋە پەرىشتىلىرى ئارقىلىق بەدىر غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا ھەر خىل شەكىلدە ياردەم بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

⑥ ﴿بَنَانٍ﴾ دېگەن قول ۋە پۇتنىڭ بارماقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ قول - پۇت بارماقلىرىغا چېپىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ بارماقلىرى كېسىلسە، ناكار بولىدۇ. قوللىرى بىلەن قىلىچ تۇتۇشقا ۋە پۇتلىرى بىلەن يۈگۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ.

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ شَآقُّواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ وَمَن يُشَاقِقِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ
ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿١٣﴾ ذَٰلِكُمْ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلْكَٰفِرِينَ عَذَابَ
ٱلنَّارِ ﴿١٤﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ زَحْفًا
فَلَا تُوَلُّوهُمُ ٱلْأَدْبَارَ ﴿١٥﴾ وَمَن يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُۥٓ إِلَّا مُتَحَرِّفًا
لِّقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَىٰ فِئَةٍ فَقَدْ بَآءَ بِغَضَبٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأْوَىٰهُ
جَهَنَّمُۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٦﴾

***بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقتى. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىدىكەن، ئاللاھنىڭ (ئۇنىڭغا بېرىدىغان جازاسى) ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر [13]. (ئى كاپىرلار! بۇ دۇنيادا) سىلەر (مۇشۇنداق ئازابنى) تېتىڭلار. شەكسىزكى، كاپىرلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابى بار [14]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر توپلىشىپ كەلگەن كاپىرلار قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار) ①[15]. كىمكى ئۇ كۈندە (قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (كۈچ توپلاش ئۈچۈن) مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە② ئەمەس، بەلكى (قېچىش مەقسىتىدە) دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ③. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [16]***

① ﴿زَحْفًا﴾نىڭ مەنىسى ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە قارشى روبىرو بولۇش دېمەكتۇر. يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار بىر-بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈپ تۇرغاندا قېچىشقا رۇخسەت يوق. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ھالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى يەتتە ئىشتىن ساقلىنىڭلار، ئۇ يەتتە ئىشنىڭ بىرى ئۇرۇش بولىدىغان كۈنى قېچىپ كېتىشتۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى، 2766-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 89-ھەدىس)

② مەزكۇر ئايەتتىكى قېچىپ كېتىش چەكلىمىسىگە تۆۋەندىكى ئىككى ھالەت كىرمەيدۇ. بىرىنچى، ﴿مُتَحَرِّفًا﴾ ئۇرۇش تاكتىكىسىغا

ئاساسەن چېكىنىش ۋە ئورۇن ئالماشتۇرۇش. ئىككىنچىسى، ﴿مُتَحَيِّزًا﴾ چوڭ قوشۇنغا قوشۇلۇش ئۈچۈن چېكىنىش." تَحَرُّفٌ»نىڭ مەنىسى بىر تەرەپكە بۇرۇلماق، يانماق، يەنى جەڭدە دۈشمەنلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئۇلارغا مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن چېكىنىش، دۈشمەنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ مەلۇم جايغا بارغاندا تۇيۇقسىز ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىپ كېتىشكە كىرمەيدۇ. بۇ بىر خىل ئۇرۇش تاكتىكىسى بولۇپ، بەزى چاغلاردا زۆرۈر ھەم پايدىلىق بولۇپ قالىدۇ. " تَحَيُّزٌ»نىڭ مەنىسى ياردەم ۋە پاناھلىق تىلەپ چوڭ قوشۇنغا قوشۇلۇش دېمەكتۇر. ئەگەر بىر مۇجاھىد ئۇرۇشۇپ، مەيداندا يالغۇز قالغاندا، مۇسۇلمانلار قوشۇنغا قوشۇلۇش ۋە ئۇلار بىلەن قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن چېكىنسە، ئەلۋەتتە جايىزدۇر.

③ يەنى مەزكۇر ئىككى ھالەتتىن باشقا ئەھۋالدا كىمكى جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلىنغاندۇر.

فَلَمۡ تَقۡتُلُوهُمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ قَتَلَهُمۡۚ وَمَا رَمَيۡتَ إِذۡ رَمَيۡتَ وَلَٰكِنَّ
ٱللَّهَ رَمَىٰ وَلِيُبۡلِيَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ مِنۡهُ بَلَآءً حَسَنًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿١٧﴾
ذَٰلِكُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُوهِنُ كَيۡدِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٨﴾ إِن تَسۡتَفۡتِحُواْ فَقَدۡ
جَآءَكُمُ ٱلۡفَتۡحُۖ وَإِن تَنتَهُواْ فَهُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ وَإِن تَعُودُواْ نَعُدۡ
وَلَن تُغۡنِيَ عَنكُمۡ فِئَتُكُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَوۡ كَثُرَتۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ مَعَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٩﴾

***(ئى مۇجاھىدلار! بەدرى غازىتىدا) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرمىدىڭلار، بەلكى ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى①. (ئى پەيغەمبەر بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى②. (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) مۇئمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىيمەتلەردىن ئىبارەت)***

**گـۈزەل ئىنئاملارنـى ئاتـا قىلىـش ئۈچـۈن ئىـدى③ . ئاللاھ ھەقىقەتـەن (ئۇلارنىـڭ سـۆزلىرىنى) ئـاڭلاپ تۇرغۇچىـدۇر، (نىيەتلىرىنـى، ئەھۋاللىرىنـى) بىلىـپ تۇرغۇچىـدۇر [17]. (بىـر مەقسـەت) بـۇ (يەنـى مۇئمىنلەرگـە ئىنئاملارنـى ئاتـا قىلىـش ئۈچـۈن) ئىـدى ۋە (يەنـە بىـر مەقسـەت) ئاللاھ كاپىرلارنىـڭ ھىيلىسـىنى چوقـۇم مەغلـۇپ قىلماقچـى ئىـدى④ [18]. (ئـى كاپىـرلار جامائەسـى!) ئەگـەر سىلەر غەلىبىنـى تىلىسـەڭلار، غەلىبـە ئاللىقاچـان سـىلەرگە (قارشـى) كېلىـپ بولـدى (يەنـى كەلگەندىمـۇ سـىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغـا كەلـدى). ئەگـەر (پەيغەمبـەر بىلـەن دۈشـمەنلىك قىلىشتىن) ۋاز كەچسـەڭلار، بـۇ سـىلەر ئۈچـۈن ياخشـىدۇر، ئەگـەر (ئۇنىڭغـا دۈشـمەنلىك قىلىشـقا) يەنـە قايتسـاڭلار، بىزمـۇ (ئۇنىڭغـا ياردەم قىلىشـقا) قايتىمىـز، قوشـۇنۇڭلار كـۆپ بولغـان تەقدىردىمـۇ، ئـۇ (قوشـۇن) سـىلەرگە قىلچىلىـك ئەسقاتمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر⑤ [19].**

① يەنـى بەدىـر غازىتىنىـڭ پۈتـۈن جەريانـى سـىلەرگە بايـان قىلىنـدى. ئـۇ يـەردە ئاللاھ تائالانىـڭ سـىلەرگە قايسـى شـەكىلدە ياردەم قىلغانلىقى ئايـان بولـدى، بۇ بايانلاردىـن كېيىـن يەنـە سـىلەر كاپىرلارنـى بىـز ئۆزىمىـز ئۆلتۈردۇق دەپ ئويلىمـاڭلار، بىلىڭلاركـى، ھەقىقەتتـە ئۇلارنـى ئاللاھ تائـالا ئۆلتـۈردى. دېمـەك ئاللاھ تائـالا سـىلەرگە ياردەم بـەردى، شـۇنىڭ نەتىجىسـىدە سـىلەر غەلىبە-نۇسرەتكە ئېرىشتىڭلار.

② بـەدرى غازىتـى بولغـان كۈنـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام يەردىـن بىـر چاڭگال ئۇششـاق تـاش ئارىلاش توپىنـى ئېلىـپ كاپىـرلار تەرەپكـە ئاتقانـدى، ئاللاھ تائالا ئەنـە شـۇ تاش-توپىنـى مۇشرىكلارنىڭ ئېغىزلىـرى ۋە كۆزلىرىگـە كىرگۈزىۋەتتى. يەنـە ئـۇ توپىـدا شـۇنداق بىـر تەسىر پەيـدا قىلدىكـى، ئۇنىـڭ تەسـىرىدىن ئۇلارنىـڭ كۆزلـىرى يۇمۇلۇپـلا قالـدى، ئـۇلار ھېچنەرسـىنى كۆرەلمـەي قالغـان ئىـدى، بـۇ شـۇ ۋاقىتتىكـى ئاللاھ تائالا مۇسـۇلمانلارنىڭ غەلىبـە قىلىشـى ئۈچـۈن ئاتـا قىلغـان نۇسـرەت ھـەم بىـر مۆجـىزە ئىـدى، نەتىجىـدە بـۇ توپـا مۇسـۇلمانلارنىڭ غەلىبـە قىلىشـىغا چوڭ سـەۋەبكار بولـدى. شـۇڭا بـۇ يـەردە دېيىلدىكـى، ئـى پەيغەمبـەر! بىـر سـىقىم توپىنـى مۇشـرىكلارغا سـەن ئاتقـان ئىدىـڭ، ئەممـا ئۇنىڭـدا تەسـىرنى بىـز پەيـدا قىلغانـدۇق، ئەگـەر بىـز ئۇنىڭـدا تەسـىر پەيـدا قىلمىغـان بولسـاق، بىـر سـىقىم توپـا ھېچنېمـە

قىلالمىغان بولاتتى، شۇڭا توپىنى مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە ئېتىپ، ئۇلارنى مەغلۇب قىلغان سەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھتۇر.

③ ﴿بَلَاءً﴾ بۇ يەردە ئىنئام مەنىسىدە كەلگەن. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نۇسرىتى ۋە ياردىمى ئۇنىڭ مۇئمىنلەرگە ئاتا قىلغان ئىنئامىدۇر.

④ ئىككىنچى مەقسەت كاپىرلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى بۇزۇش، ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە شان-شەۋكىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئىدى.

⑤ بۇ ھەقتە ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار زۆھرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇجەھىل قاتارلىق مەككە كاتتىباشلىرى مەككىدىن بەدرى تەرەپكە ماڭغاندا: ‹ئى ئاللاھ! بىزدىن قايسىمىز ئىتائەتتىن چىققان ۋە سىلە - رەھىمنى ئۈزگەن بولسا، ئۇنى ئەتە (يەنى ئۇرۇش بولغان چاغدا) ھالاك قىلغىن!› دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە مۇسۇلمانلارنى سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن ۋە ئىتائەتتىن چىققانلار دەپ قارايتتى، شۇڭا مۇشۇنداق تىلىگەن ئىدى.» ئەمدى ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلغاندا، ئۇ كاپىرلارغا دېيىلىۋاتىدۇكى :سىلەر تىلىگەن غەلىبە يەنى ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بېرىدىغان ھۆكۈم سىلەرگە ئايان بولۇپ بولدى، شۇڭا ئەمدى كۇفرىلىقنى تاشلاپ، مۇسۇلمان بولۇڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەر يەنە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلساڭلار، بىزمۇ ئۇلارغا يەنە ياردەم بېرىمىز. سىلەرنىڭ قوشۇنىڭلار كۆپ سانلىق بولغان تەقدىردىمۇ، مەغلۇپ بولىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَوَلَّوۡاْ عَنۡهُ وَأَنتُمۡ تَسۡمَعُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ ﴿٢١﴾ ۞ إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ ٱلصُّمُّ ٱلۡبُكۡمُ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡقِلُونَ ﴿٢٢﴾ وَلَوۡ عَلِمَ ٱللَّهُ فِيهِمۡ خَيۡرٗا لَّأَسۡمَعَهُمۡۖ وَلَوۡ أَسۡمَعَهُمۡ لَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٢٣﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت***

***قىلىڭلار، سىلەر (ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار [20]. ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەرنى (يەنى كاپىرلارنى) دورىماڭلار① [21]. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان گاس - گاچىلاردۇر② [22]. ئەگەر ئاللاھ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقىقەتنى) ئاڭلىتاتتى③، ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنە (ھەقىقەتتىن) يۈز ئۆرۈپ باش تارتاتتى④ [23].***

① يەنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئەمەل قىلماسلىق كاپىرلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر. سىلەر ئۇنداق يول تۇتۇشتىن ساقلىنىڭلار. كېيىنكى ئايەتتە ئۇنداق كىشىلەر گاس، گاچا، ئەقىلسىز ۋە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى دەپ ئاتالدى.

② ﴿دَوَآبِّ﴾ دېگەن "دَآبَّةٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، زېمىندا مېڭىپ يۈرىدىغان جانلىقلار (يەنى مەخلۇقلار) دېگەن مەنىدە. دېمەك، جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان، ھەقنى ئاڭلىمايدىغان، ھەقنى سۆزلىمەيدىغان ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئەتمەيدىغان گاس-گاچىلاردۇر. بۇ خىل خاراكتېردىكى كىشىلەر قۇرئان كەرىمدىكى يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق تەسۋىرلەندى: ﴿ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ھەقنى) چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر﴾. (سۈرە ئەئراف 179-ئايەت)

③ يەنى ئاڭلىغان نەرسىلىرىنى ئۇلارغا پايدىلىق قىلىپ، توغرا چۈشەنچە ئاتا قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. لېكىن ئۇلاردا ياخشىلىق يوق، يەنى ھەقنى ئىزدەش، تەلەپ قىلىش يوق، شۇڭا توغرا چۈشەنچىدىن مەھرۇمدۇر.

④ يەنى ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا ھەقنى ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردا ھەقنى تەلەپ قىلىش ئىستىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا ھەقتىن يۈز ئۆرۈيتتى.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱسْتَجِيبُواْ لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا
يُحْيِيكُمْۖ وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَحُولُ بَيْنَ ٱلْمَرْءِ وَقَلْبِهِۦ وَأَنَّهُۥٓ إِلَيْهِ
تُحْشَرُونَ ﴿٢٤﴾ وَٱتَّقُواْ فِتْنَةً لَّا تُصِيبَنَّ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنكُمْ خَآصَّةًۖ
وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٢٥﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي بەختلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) نەرسىگە دەۋەت قىلسا①، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىغا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى ئۇنىڭ دىلىنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە بۇرىۋېتىدۇ)②، سىلەر (ئاخىر) چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر [24]. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (يامان ئىش قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا - قازادىن ساقلىنىڭلار③، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [25].***

① ﴿لِمَا يُحْيِيكُمْ﴾ سىلەرگە ھاياتلىق بېغىشلايدىغان نەرسىلەرگە چاقىرسا. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى ھاياتلىق بېغىشلايدىغان نەرسە جىھادنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا ھايات ياشىشىڭلار ئۈچۈن كېرەك بولغان نەرسىلەر بار دەپ قارايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ھاياتلىق بېغىشلايدىغان نەرسىلەر قۇرئاندىكى ئەمر-پەرمانلار، چەكلىمىلەر ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ قاتارىغا جىھادمۇ كىرىدۇ، دەيدۇ. ئومۇمەن، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزىنىلا قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن ھاياتلىق بار، دېمەكتۇر.

② يەنى ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئۆلۈمنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق توسالغۇ بولالايدۇ. دېمەك سىلەرگە ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىۋېلىڭلار. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دېگەن: بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئۇنىڭ دىلىدەك يېقىنلىقى مىسال تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ مەنىسى، ئاللاھ تائالا دىللاردىكى سىرلارنى بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە مەخپىي ئەمەس، دېمەكتۇر.

ئىمام ئىبنى جەرىر ئۇنىڭ مەنىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: بەندىلەرنىڭ دىللىرى ئاللاھ تائالانىڭ تولۇق كونتروللۇقىدا، خالىغان چاغدا دىل بىلەن ئىنسان ئارىسىدا توسالغۇ بولىدۇ، ھەتتا ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بولماي تۇرۇپ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتنى بەدىر غازىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەيدۇ، يەنى ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار دۈشمەننىڭ كۆپلىكىدىن قورقۇپ تۇراتتى، دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرى ئارىسىدا توسالغۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قورقۇنچنى خاتىرجەملىككە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىن يۇقىرىدىكى ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. (فەتھۇلقەدىر)

ئىمام ئىبنى جەرىر بايان قىلغان ئۇقۇمنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ ھەدىسلەردە دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشنى تىلەپ دۇئا قىلىش تەكىتلەنگەن. مەسىلەن: بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەممە ئادەم بالىلىرىنىڭ دىللىرى مەرھەمەتلىك ئاللاھ تائالانىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارماق ئارىسىدا بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ دىلنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى خالىسا، ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئوقۇغان: ‹ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ، مېنىڭ دىلىمنى ساڭا بويسۇنىدىغان تەرەپكە بۇرىغىن.» (سەھىھ مۇسلىم 2654-ھەدىس) يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ دىلىمنى دىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن» دەيتتى، دېيىلگەن. (سۇنەنى تىرمىزى، 2140-ھەدىس)

③ بۇنىڭدا بىر بولسا، بەندىلەرنىڭ بىر-بىرىگە خاس-ئام دەپ ئايرىماستىن زۇلۇم قىلىشى كۆزدە تۇتۇلغان ياكى ئاسمان-زېمىندىن كېلىدىغان قاتتىق يامغۇر ۋە كەلكۈن قاتارلىق ئاپەتلەردەك ئومۇمىي ئازاب كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى ئۇ ئاپەتلەرنىڭ تەسىرىگە ياخشى-يامان ھەممە ئادەم ئۇچرايدۇ. ياكى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش پەرزىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن كېلىدىغان ئازاب كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ أَنتُمۡ قَلِيلٞ مُّسۡتَضۡعَفُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ تَخَافُونَ أَن

يَتَخَطَّفَكُمُ ٱلنَّاسُ فَـَٔاوَىٰكُمۡ وَأَيَّدَكُم بِنَصۡرِهِۦ وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٢٦﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَخُونُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ وَتَخُونُوٓاْ أَمَٰنَٰتِكُمۡ وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٢٧﴾ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَأَوۡلَٰدُكُمۡ فِتۡنَةٞ وَأَنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿٢٨﴾

***ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئاز ئىدىڭلار، (مەككە زېمىنىدا بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تالان - تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى، (بەدرى غازىتىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە (غەنىيمەتتىن ئىبارەت) ھالال نەرسىلەردىن رىزىق بەردى① [26]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار② [27]. بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار (سىلەر ئۈچۈن) پەقەتلا بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار③ [28].***

① بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلار مەككىدىكى چاغدا باشتىن كەچۈرگەن جاپا - مۇشەققەتلىك ھايات بايان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن مەدىنىدە ئېرىشكەن باياشاتلىق تۇرمۇش، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكتىن ئىبارەت نېمەتلەر ئەسكەرتىلدى.

② ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا خىيانەت قىلىش دېگەن كىشىلەر كۆرىدىغان ئەھۋالدا ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىپ، خىلۋەتتە ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىش دېمەكتۇر. شۇنىڭدەك يەنە پەرزلەردىن بىر پەرزنى تەرك ئېتىش ۋە گۇناھلاردىن بىر گۇناھنى سادىر قىلىشمۇ خىيانەتكە كىرىدۇ. ﴿سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار﴾ دېگەننىڭ مەنىسى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە بىر نەرسىنى ئامانەت قويغان بولسا، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمىسۇن، دېگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە خۇتبىلىرىدە «ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان ئادەمدە ئىمان يوق، ئەھدىسىدە تۇرمىغان ئادەمدە دىن يوق» دەيتتى. (مۇسنەدى ئەھمەد، 3-توم، 135-بەت، ئالبانىي «ھەسەن» دەپ باھالىغان

ھەدىس)

③ ئومۇمەن، باللارغا ۋە مال-دۇنيا بېرىلىپ كېتىش ئىنساننى خىيانەتكە يەنە ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلماسلىققا مەجبۇرلاپ قويىدۇ. شۇڭا بۇلار بىر تۈرلۈك سىناق دەپ ئاتالدى، بۇلار ئارقىلىق ئىنسان سىنىلىدۇ. يەنى بۇلارنى ياخشى كۆرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئامانەت ۋە ئىتائەت مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلامدۇ-يوق؟ دېگەن ئاساستا سىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئامانەت ۋە ئىتائەت مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلسا، سىناقتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، سىناقتىن ئۆتەلمىگەن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا باللار ۋە مال-دۇنيا ئۇنىڭ ئازابقا دۇچار بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَتَّقُواْ ٱللَّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَانًا وَيُكَفِّرْ
عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٢٩﴾ وَإِذْ
يَمْكُرُ بِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِيُثْبِتُوكَ أَوْ يَقْتُلُوكَ أَوْ يُخْرِجُوكَ ۚ
وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ ٱللَّهُ ۖ وَٱللَّهُ خَيْرُ ٱلْمَـٰكِرِينَ ﴿٣٠﴾ وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ
ءَايَـٰتُنَا قَالُواْ قَدْ سَمِعْنَا لَوْ نَشَآءُ لَقُلْنَا مِثْلَ هَـٰذَآ ۙ إِنْ هَـٰذَآ إِلَّآ
أَسَـٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٣١﴾

*ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت (ۋە ئىلىم) ئاتا قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر① [29]. (ئى پەيغەمبەر! شۇ ۋاقىتنى ياد ئەتكىنكى) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى تۇتقۇن قىلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشۋاتاتتى (سۈيىقەست پىلانلاۋاتاتتى)② ، (بۇ تەرەپتە) ئۇلار ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشۋاتاتتى، (ئۇ تەرەپتە) ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنى بەربات قىلىش ئۈچۈن) تەدبىر قىلىۋاتاتتى، ئاللاھ تەدبىر قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر (ھىيلە-مىكرىنى بەربات قىلغۇچىدۇر)③ [30]. ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا،*

*ئۇلار: «بىز (بۇنداق سۆزلەرنى بۇرۇنمۇ) ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق، ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى ئەلۋەتتە بىزمۇ قىلالايتتۇق، بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلاردۇر» دېدى [31].*

① تەقۋادارلىق، ئاللاھتىن قورقۇش دېگەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش دېمەكتۇر. «فۇرقان»نىڭ بىر مەنىسى، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بېرىدىغان نەرسە دېمەكتۇر. خۇلاسە شۇكى، ئىنسان تەقۋادارلىق بىلەن ھەم يۈرەكلىك بولىدۇ ھەم يىراقنى كۆرىدىغان بولىدۇ، يەنە ئۇنىڭغا ھىدايەت يولى تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلار شەك ـ شۈبھە ۋادىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەندىمۇ، ئۇ توغرا يول تېپىشقا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. تەقۋادارلىقنىڭ ئۇلاردىن باشقا پايدا ۋە نەتىجىلىرى شۇكى، تەقۋادار كىشىگە غەلىبە ـ نۇسرەت، نىجاتلىق ۋە ھەر مۇشكۈللۈكتىن چىقىش يولى نېسىپ بولىدۇ. بۇ يەردە تەقۋادارلىقنىڭ مەزكۇر نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى تەقۋادارلىق بىلەن بارلىق پايدا ـ مەنپەئەتلەر ھاسىل بولىدۇ. يەنە تەقۋادارلىق گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسان مەغپىرەتكە ۋە كاتتا پەزىلەتكە ئېرىشىدۇ.

② بۇ يەردە مەككە مۇشرىكلىرى بىر كېچىسى دارۇننەدۋىگە يىغىلىپ تۈزگەن «مىكىر» سۇيىقەست پىلانى سۆزلىنىۋاتىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار بىرلىككە كېلىپ: ھەربىر قەبىلىدىن بىر ياشنى تاللاپ، مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈشكە سالايلى، شۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرسەك، ئۇنىڭ قىساسى ھەممىگە تەڭ يۈكلىنىدۇ، بىر ئادەم ئۇچۇن ھەممە ئادەمدىن قىساس ئالالمايدۇ، ئۇ چاغدا دىيەت (يەنى تۆلەم) بېرىپلا قۇتۇلىمىز، دېيىشتى.

③ شۇنداق قىلىپ مەزكۇر سۇيىقەست پىلانى بويىچە بىر توپ ياش كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۇيىقەست پىلانىنى پەيغەمبىرىگە بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سىقىم توپىنى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا چاچقان ھالدا ئۇيدىن چىقىپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋر غارىغا بېرىپ بولغۇچە ھېچكىم ئۇنىڭ چىقىپ

كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. مانا بۇ كاپىرلارنىڭ سۇيىقەستىگە قارىتا ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ تەدبىرى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھېچكىم ئۇنىڭدەك تەدبىر قىلالمايدۇ. (مىكىرنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۈرە ئال ئىمران 54-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

وَإِذْ قَالُواْ ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَٰذَا هُوَ ٱلْحَقَّ مِنْ عِندِكَ فَأَمْطِرْ عَلَيْنَا
حِجَارَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٣٢﴾ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ
لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ ﴿٣٣﴾
وَمَا لَهُمْ أَلَّا يُعَذِّبَهُمُ ٱللَّهُ وَهُمْ يَصُدُّونَ عَنِ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَمَا
كَانُوٓاْ أَوْلِيَآءَهُۥٓ إِنْ أَوْلِيَآؤُهُۥٓ إِلَّا ٱلْمُتَّقُونَ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا
يَعْلَمُونَ ﴿٣٤﴾ وَمَا كَانَ صَلَاتُهُمْ عِندَ ٱلْبَيْتِ إِلَّا مُكَآءً وَتَصْدِيَةً
فَذُوقُواْ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٣٥﴾

*ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى [32]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ①، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدىمۇ ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ② [33]. ئۇلار (مۇسۇلمانلارنى) مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسىدىغان تۇرسا، ئاللاھ ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلار مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى پەقەت*لا *تەقۋادارلاردۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ③ [34]. ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت ئىدى④. (ئى كاپىرلار! ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ) كاپىر بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار [35].*

① يەنى پەيغەمبەر قەۋمىنىڭ ئىچىدە تۇرغان چاغدا ئازاب كەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولغانلىقىمۇ ئۇلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن مۇھىم ھەم ئازاب كەلمەسلىكىنىڭ كاپالىتى ئىدى.

② بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە مۇسۇلمان بولۇپ، ئىستىغپار ئېيتىدىغانلىقى ياكى مۇشرىكلار كەبىنى تاۋاپ قىلىدىغان چاغدا: «ئى رەببىمىز! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ يەنى ئۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرىنى مەسجىدى ھەرەم (خانە كەئبە)نىڭ ئىگىلىرى دەپ ئويلايتتى، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلار خالىغان كىشىلەرگە تاۋاپ قىلىشقا رۇخسەت بېرەتتى، خالىمىغان كىشىلەرگە رۇخسەت بەرمەيتتى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىمۇ مەسجىدى ھەرەمگە كېلىشتىن چەكلەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، بەلكى زورلۇق بىلەن ئىگە بولىۋالغانلار ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە دېيىلدىكى، مەسجىدى ھەرەمگە مۇشرىكلار ئەمەس، بەلكى تەقۋادار كىشىلەرلا ئىگە بولالايدۇ .بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئازاب مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئىبارەت مۇشرىكلار ئۈچۈن ئېغىر بىلىنگەن ئازابنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتتە پەيغەمبەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارغا ئازاب كەلمەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىدىغان ئومۇميۈزلۈك ئازاب كەلمەيدىغانلىقىغا قارىتىلغان. تەنبىھ ۋە ئىبرەت يۈزىسىدىن ئەۋەتىلىدىغان كىچىك- كىچىك ئازابلار يۇقىرىدىكى ئومۇميۈزلۈك ئازاب ئەۋەتىشكە زىت كەلمەيدۇ.

④ قۇرەيشلەر بەيتۇللانى قىيپالىڭاچ ھالەتتە تاۋاپ قىلاتتى، تاۋاپ جەريانىدا بارماقلىرىنى ئېغىزلىرىغا كىرگۈزۈپ ئىسقىرتاتتى ۋە چاۋاك چالاتتى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەر جۈملىسىدىن دەپ قارايتتى. شۇنىڭدەك ھازىرمۇ بىر قىسىم جاھىل سوپىلار مەسجىد ۋە جەھرىخانىلاردا جەھرە ۋە ساما سالىدۇ. دۇمباقلارنى چالىدۇ. ئۇلار: بۇ بىزنىڭ نامىزىمىز ۋە ئىبادىتىمىز، ساما سېلىپ، مەھبۇبىمىز ئاللاھقا يېتىمىز، دەيدۇ. (ئاللاھقا سېغىنىپ بۇ خۇراپاتلىقلاردىن پاناھ تىلەيمىز).

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ لِيَصُدُّوا۟ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ
فَسَيُنفِقُونَهَا ثُمَّ تَكُونُ عَلَيْهِمْ حَسْرَةً ثُمَّ يُغْلَبُونَ ۗ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓا۟ إِلَىٰ جَهَنَّمَ يُحْشَرُونَ ﴿٣٦﴾ لِيَمِيزَ ٱللَّهُ ٱلْخَبِيثَ مِنَ ٱلطَّيِّبِ
وَيَجْعَلَ ٱلْخَبِيثَ بَعْضَهُۥ عَلَىٰ بَعْضٍ فَيَرْكُمَهُۥ جَمِيعًا فَيَجْعَلَهُۥ فِى
جَهَنَّمَ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٣٧﴾

***شۈبھىسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلار پۇل - مېلىنى (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار يەنە سەرپ قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغانلىرى ئۆزلىرىگە ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار جەھەننەمگە (ھەيدىلىپ ئۇ يەرگە) جەم قىلىنىدۇ① [36]. ئاللاھنىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇپ قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى) كاپىرنى مۇئمىندىن ئايرىش ئۈچۈندۇر②. ئاللاھ ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، دوزاخقا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر [37].***

① بەدرى غازىتىدا مەغلۇب بولغان قۇرەيش قوشۇنى مەككىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇ تەرەپتىن ئەبۇسۇفيانمۇ ئۆزى باش بولغان سودا كارۋىنىنى ئېلىپ مەككىگە كېلىپ بولغان ئىدى، شۇ ۋاقىتتا بەدرى غازىتىدا ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى ۋە قېرىنداشلىرى ئۆلتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم ئادەملەر ئەبۇسۇفيانغا ۋە كارۋاندىكى ماللاردا شېرىكچىلىكى بار كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ: «مۇسۇلمانلار بىزگە كۆپ زىيان يەتكۈزدى، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن كارۋاندىكى مېلىڭلارنى بىزگە ئىئانە قىلساڭلار» دېدى. مال ئىگىلىرى بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ۋە ئۇلارغا ئوخشاش يول تۇتقانلارغا قارىتا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

② ئايرىش بىر بولسا، ئاخىرەتتە بولىدۇ، ئاخىرەتتە سائادەتمەنلەر گۇناھكارلاردىن ئايرىلىدۇ. سۈرە ياسىن 59-ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿(گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار»

(دېيىلىدۇ)﴿. يەنى سالىھ كىشىلەردىن ئايرىلىشىڭلار. بۇ گۇناھكارلار (يەنى كاپىرلار، مۇشرىكلار ۋە ئىتائەتتىن چىققۇچىلار) جەملىنىپ بىراقلا جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ. ياكى تېما مۇشۇ دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ يەردىكى «لام» سەۋەبنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولىدۇ، يەنى كاپىرلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن پۇل خەجلەۋاتىدۇ، بىز بۇ ئارقىلىق ناپاك كىشىلەرنى پاك كىشىلەردىن، كاپىرلارنى مۇئمىنلەردىن، مۇناپىقلارنى ئىخلاسمەنلەردىن ئايرىش ئۈچۈن ئۇلارغا شۇنداق قىلىشقا پۇرسەت بېرىمىز. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: بىز كاپىرلار ئارقىلىق سىلەرنى سىنايمىز، ئۇلار سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا پۇل-ماللىرىنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىمىز، مەقسەت ناپاك كىشىلەردىن پاك كىشىلەرنى ئايرىشتۇر. ئاندىن بىز ناپاك كىشىلەرنىڭ ھەممىنى جەھەننەمگە توپلايمىز. (ئىبنى كەسىر)

قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِن يَنتَهُواْ يُغْفَرْ لَهُم مَّا قَدْ سَلَفَ وَإِن
يَعُودُواْ فَقَدْ مَضَتْ سُنَّتُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٣٨﴾ وَقَٰتِلُوهُمْ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ
فِتْنَةٌ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ كُلُّهُۥ لِلَّهِۚ فَإِنِ ٱنتَهَوْاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ
بَصِيرٌ ﴿٣٩﴾ وَإِن تَوَلَّوْاْ فَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَوْلَىٰكُمْۚ نِعْمَ ٱلْمَوْلَىٰ وَنِعْمَ
ٱلنَّصِيرُ ﴿٤٠﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ①. ئەگەر ئۇلار (كۇفرىغا، پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلىشقا) قايتسا، ئاللاھنىڭ (پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارنى جازالاشتىكى) قانۇنىيىتى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەردە ئۆتتى (ئۇلارمۇ شۇنداق جازانى كۆتۈپ تۇرسۇن!)② [38]. پىتنە (يەنى شېرىك ۋە باتىل ئەقىدە) تۈگىگەن③، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر④ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (ئىسلامغا داۋاملىق دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلار كۇفرىدىن) يانسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ⑤*

***[39]. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە⑥، (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر⑦، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى! ⑧[40]***

① يەنى ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىسلامغا كىرىپ ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدۇ. كىمكى ئىسلامغا كىرىپ يامان ئىشلارنى يەنە داۋام قىلسا، ئۇ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 6921-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئىلگىرىكى گۇناھلارنى يۇيىدۇ. تەۋبىمۇ ئىلگىرىكى گۇناھلارنى يۇيىدۇ.» يەنى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئىلگىرىكى گۇناھلار ئۆچۈرۈلىدۇ. (مۇسنەد ئىمام ئەھمەد، 4-توم، 199-بەت)

② يەنى ئەگەر ئۇلار يەنە كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالسا ۋە سەن بىلەن دۈشمەنلىشىشنى داۋاملاشتۇرسا، دەرھال ياكى كېيىنرەك كېلىدىغان ئىلاھي ئازابنىڭ نىشانىغا ئايلىنىدۇ.

③ «پىتنە» ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. يەنى شېرىك تامامەن يوق بولغۇچە جىھادنى داۋاملاشتۇرۇڭلار.

④ يەنى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنگە قەدەر.

⑤ يەنى سىلەرگە ئۇلارنىڭ زاھىرەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى كۇپايە قىلىدۇ. ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

⑥ يەنى ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسا، كۇفرىدا ۋە سىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتە چىڭ تۇرسا.

⑦ يەنى ئاللاھ دۈشمىنىڭلارغا قارشى سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئۇ سىلەرنى ھىمايە قىلغۇچى ۋە قوغدىغۇچىدۇر.

⑧ كىمنىڭ مەدەتكارى ئاللاھ بولسا، ئۇ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ياردەمچىسى ئاللاھ بولغان كىشىلەرلا غەلىبە قىلىدۇ.

۞ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا غَنِمۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُۥ وَلِلرَّسُولِ
وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ إِن كُنتُمۡ ءَامَنتُم
بِٱللَّهِ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا يَوۡمَ ٱلۡفُرۡقَانِ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِۗ
وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٤١﴾

***(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان ھەرقانداق غەنىيمەتنىڭ① بەشتىن بىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، (پەيغەمبەرنىڭ) يېقىن تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، (خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان) مۇساپىرلارغا خاستۇر②. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ھەق بىلەن باتىل ئايرىلغان③ كۈندە ــ ئىككى قوشۇن (بەدرىدە) ئۇچراشقان④ كۈندە بەندىمىز (مۇھەممەد)گە نازىل قىلغانلىرىمىزغا⑤ ئىشەنسەڭلار (ئاللاھنىڭ غەنىيمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىگە ئەمەل قىلىڭلار). ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [41].***

10

① «غەنىيمەت» دېگەندە كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئېرىشكەن مال-مۈلۈك ۋە ئولجا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردە ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن كاپىرلاردىن ئېلىنغان بارلىق مال-مۈلۈك ۋە ئولجىلار بىر يەرگە جەملىنەتتى، ئاندىن ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، ھەممىنى كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلىۋېتەتتى. لېكىن ئىسلام ئۈممىتىگە غەنىيمەت ئېلىنغان مال-مۈلۈك ھالال قىلىندى. ئۇرۇش بولماستىن، سۈلھى يولى بىلەن ياكى جىزيە ياكى خىراج ئارقىلىق كەلگەن مال-مۈلۈك " فَيْءٌ " دەپ ئاتىلىدۇ، بەزىدە غەنىيمەتمۇ " فَيْءٌ " بىلەن بىر مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ﴿ مِنۡ شَيۡءٖ ﴾ دېگەن ھەر قانداق بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، قىممەت باھالىق بولسۇن ياكى ئەرزان بولسۇن، ھەممىنى بىر يەرگە توپلاپ، قائىدە بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. غەنىيمەت تەقسىم قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھېچكىمگە بىر نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

② «ئاللاھقا» دېگەن سۆز بۇ يەردە بەرىكەت يۈزىسىدىن تىلغا ئېلىنغان، چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ ئەسلىي ئىگىسى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر، ئۇنىڭ ھۆكمىلا ئىجرا قىلىنىدۇ. دېمەك، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ھەسسىسى

بىر دەپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى بارلىق غەنىيمەت بەش ھەسسىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭدىن 4 ھەسسىسى ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇجاھىتلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پىيادىلەرگە بىر ھەسسە، ئاتلىقلارغا 3 ھەسسە بېرىلىدۇ. قالغان بەشتىن بىرى، ئەرەب تىلىدا بۇ " خُمُس " دېيىلىدۇ، ئۇ يەنە بەش ھەسسىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭ بىر ھەسسىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېگىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ بىر ھەسسە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ) ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ بىر ھەسسىنىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى : «ماڭا بۇ غەنىيمەتلەردىن مۇشۇ بىر سىقىم تۆگىنىڭ يۇڭىدەك نەرسىنى ئېلىشمۇ ھالال بولمايدۇ، ماڭا ھالال بولىدىغىنى پەقەت بەشتىن بىر ھەسسىدۇر. ماڭا بېرىلگەن بەشتىن بىر ھەسسىمۇ سىلەرگە قايتىدۇ». (سۈنەنى نەسائى، ئەلبانى سەھىھ دەپ قارىغان، سۈنەنى نەسائى 4139-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد، 5-توم، 319-بەت) بۇ بەشتىن قالغان تۆت ھەسسە پەيغەمبەرنىڭ خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە مۇساپىرلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ قالغان بەشتىن بىر ھەسسە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا قاراپ سەرپ قىلىنىدۇ.

③ بەدرى غازىتى ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى، رامىزاننىڭ 17-كۈنى بولغان، ئۇ كۈن ھەق بىلەن باتىل ئايرىلغان كۈن دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن تۇنجى قېتىملىق جەڭ ئىدى. ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە شېرىك بىلەن كۇفرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ بەردى.

④ «ئىككى قوشۇن» – مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن كاپىرلار قوشۇنىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ بۇ يەردىكى «نازىل قىلغانلىرىمىز» دېگەن بەدرىدە پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئايەتلەرنىڭ (ئىلاھي مۆجىزىلەرنىڭ) چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

إِذْ أَنتُم بِٱلْعُدْوَةِ ٱلدُّنْيَا وَهُم بِٱلْعُدْوَةِ ٱلْقُصْوَىٰ وَٱلرَّكْبُ أَسْفَلَ

مِنكُمۡۚ وَلَوۡ تَوَاعَدتُّمۡ لَٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِي ٱلۡمِيعَٰدِ وَلَٰكِن لِّيَقۡضِيَ ٱللَّهُ
أَمۡرٗا كَانَ مَفۡعُولٗا لِّيَهۡلِكَ مَنۡ هَلَكَ عَنۢ بَيِّنَةٖ وَيَحۡيَىٰ مَنۡ حَيَّ
عَنۢ بَيِّنَةٖۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَسَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٤٢﴾ إِذۡ يُرِيكَهُمُ ٱللَّهُ فِي مَنَامِكَ
قَلِيلٗاۖ وَلَوۡ أَرَىٰكَهُمۡ كَثِيرٗا لَّفَشِلۡتُمۡ وَلَتَنَٰزَعۡتُمۡ فِي ٱلۡأَمۡرِ وَلَٰكِنَّ
ٱللَّهَ سَلَّمَۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٤٣﴾

***ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە① ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىڭلاردا ئىدى② . ئەگەر سىلەر (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە ۋەدىگە خىلاپلىق قىلاتتىڭلار③ ، لېكىن ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى ئۈچۈن، ياشايدىغانلارنىڭمۇ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياششى ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى)④ . شەكسىزكى، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [42]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ چۈشۈڭدە ساڭا ئۇلارنى (يەنى دۈشمەنلىرىڭنى) ئاز كۆرسەتتى، ئەگەر ساڭا ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا ئىدى، سىلەرگە چوقۇم قورقۇپ كېتەتتىڭلار ۋە جەڭ ئىشىدا چوقۇم تالاش ـ تارتىش قىلاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر⑤ [43].***

① ﴿الدُّنۡيَا﴾نىڭ مەنىسى يېقىن دېمەكتۇر. يەنى ئۇلار ۋادىنىڭ مەدىنە شەھىرىگە يېقىن بىر تەرىپىدە ئىدى، ﴿الۡقُصۡوَىٰ﴾ يىراق دېگەن مەنىدە. كاپىرلار بۇ ۋادىنىڭ مەدىنىگە يىراق بىر تەرىپىدە ئىدى.

② يەنى ئەبۇ سۇفياننىڭ باشچىلىقىدىكى شامدىن مەككىگە

كېتىۋاتقان سودا كارۋىنى تۆۋەن تەرەپتە ئىدى. ئەسلىدە مۇسۇلمانلار مۇشۇ كارۋاننى كۆزلەپ، بۇ تەرەپكە كەلگەن ئىدى. بۇ جاي تاغدىن خېلىلا يىراق، غەرب تەرەپتىكى تۆۋەندە ئىدى، ئەمما ئۇرۇش بولغان بەدرى دېگەن جاي ئېگىزدە ئىدى.

③ ئەگەر ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس كۈن ۋە ۋاقىت بەلگىلىگەن ياكى ۋەدىلىشىپ، ئېلان قىلىپ قويغان بولسا، ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن بەلكىم ئۇرۇش قىلماستىنلا، چېكىنىشنى تاللىشى مۇمكىن ئىدى، ھەتتا چوقۇم شۇنداق قىلغان بولاتتى. ئەمما بۇ ئۇرۇشنىڭ بولۇشىنى ئاللاھ تەقدىردە يېزىپ بولغان ئىدى، شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ بەدرىدە ئالدىن ۋەدىلىشىۋالمىغان ھالەتتە ئۇچرىشىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنى پەيدا قىلدى.

④ ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇرىشىنىڭ سەۋەبى ئىمان بىلەن ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ۋە ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە جەزمەن ئىشىنىشى ئۈچۈن ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى بەدرىدە ئېنىق كۆردى. يەنە كۇفرىلىق ئۈستىدە ھالاك بولىدىغانلارنىڭمۇ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى ئۈچۈن ئىدى، ئەمەلىيەتتە بەدرى غازىتىدا مۇشرىكلار تۇتقان يولنىڭ گۇمراھ ۋە باتىل يول ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولدى.

⑤ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشىدە كاپىرلارنىڭ سانىنى ئاز كۆرسەتتى، ئۇ چۈشىدە كۆرگەن ئاز سانىنى ساھابىلىرىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاشتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە، كاپىرلار سانىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولسا، ساھابىلەردە ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولۇپ، جاسارىتى تۆۋەنلەپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ چىققان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ھەر ئىككى ئىشتىن ساقلىدى.

وَإِذۡ يُرِيكُمُوهُمۡ إِذِ ٱلۡتَقَيۡتُمۡ فِيٓ أَعۡيُنِكُمۡ قَلِيلٗا وَيُقَلِّلُكُمۡ فِيٓ أَعۡيُنِهِمۡ لِيَقۡضِيَ ٱللَّهُ أَمۡرٗا كَانَ مَفۡعُولٗاۗ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ٤٤

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا لَقِيتُمۡ فِئَةٗ فَٱثۡبُتُواْ وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرٗا
لَّعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿٤٥﴾ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَنَٰزَعُواْ فَتَفۡشَلُواْ
وَتَذۡهَبَ رِيحُكُمۡۖ وَٱصۡبِرُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٤٦﴾

***ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلارنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن①، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشتا جۈرئەتلىك بولسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى②. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ (ئاللاھ ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ) [44]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! (كاپىرلاردىن بولغان) قانداقلا بىر توپقا ئۇچراشقان چېغىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار③ [45]. (پۈتۈن سۆز ھەرىكەتلىرىڭلاردا) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، ئاجىزلىشىپ قالىسىلەر (يەنى دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن قورقۇپ قالىسىلەر)، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ، چىداملىق بولۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر④ [46].***

① بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن مەقسەت ئاللاھ ئۆزى قارار قىلغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى، شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ پەيدا قىلىپ بەردى.

② يەنە بىر مەنىسى، كاپىرلارمۇ سىلەردىن قورقۇپ، چېكىنىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا سىلەرنى ئاز كۆرسەتتى. قۇرئان لەۋزىدىن مەلۇم بولىدىكى، بىرىنچى ئەھۋال چۈشىدە كۆرسىتىلگەن، بۇ ئىككىنچى ئەھۋال دەل ئۇرۇش بولىدىغان ۋاقىتتا رېئاللىقتا كۆرسىتىلگەن. دېمەك بۇ ئۇرۇش باشلىنىشتىن سەل ئىلگىرىكى ئەھۋاللار ئىدى، ئەمما ئۇرۇش رەسمىي باشلانغان چاغدا كاپىرلارنىڭ كۆزلىرىگە مۇسۇلمانلار ئىككى ھەسسە كۆپ كۆرۈنگەن ئىدى، سۈرە ئال ئىمران 13-ئايەتتە تەسۋىرلەنگەندەك. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئۇلارغا كۆپ

كۆرستىشتىكى ھېكمەت كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ ۋە ئەندىشە سېلىش ئارقىلىق ئۇلاردا ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تۆۋەنلىتىش ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە باشتا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئاز كۆرستىشتىكى ھېكمەت كاپىرلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىن يالتىيىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى.

③ ئەمدى مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئۇچراشقاندا رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان قائىدە-پرىنسىپلار بايان قىلىنىۋاتىدۇ: بىرىنچى پرىنسىپ، مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە چېكىنمەسلىك. چۈنكى ئۇنىڭسىز جەڭ مەيدانىدا تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك چوڭ تويقا قېتىلىش ياكى ھىيلە ئىشلىتىپ، دۈشمەننى ئازدۇرۇش مەقسىتىدە چېكىنىش ۋە قېچىش بۇنىڭ سىرتىدا. چۈنكى گاھىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئۈچۈنمۇ مەزكۇر ئىككى تاكتىكىنى ئىشلەتمەي بولمايدۇ. ئىككىنچى پرىنسىپ، ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەپ تۇرۇش كېرەك، چۈنكى ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىپ، زىكىر ئېيتىپ تۇرۇش سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، دىللىرىدا مەغرۇرلىنىش پەيدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىپ تۇرۇش كېرەك. دېمەك ھەر ھالەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگىلا ئىنتىلىپ تۇرۇش زۆرۈردۇر.

④ ئۈچىنچى پرىنسىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش. ھەممىگە ئايانكى، بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلماسلىق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھەر ۋاقىت ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. خۇسۇسەن جەڭ مەيدانىدا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىككى ھەسسە چوڭ بولىدۇ. بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدا كىچىككىنە ئىتائەتسىزلىكمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشىشتىن مەھرۇم قېلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. تۆتىنچى پرىنسىپ، ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلىپ، ئىختىلاپ تۇغدۇرماسلىق. چۈنكى ئۆزئارا ئىختىلاپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قورقۇنچاقلىق، شجائەتسىزلىك ۋە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدۇ. بەشىنچى پرىنسىپ، سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇش. ئۇرۇشتا ھەر قانچە جاپا-مۇشەققەت يەتسىمۇ بەرداشلىق بېرىپ، چىدامچانلىق ئارغامچىسىنى ھەرگىز قويۇپ

بەرمەسلىك كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! سىلەر دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئاللاھ تائالادىن ئامانلىق تىلەڭلار، ئەگەر دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭلار ئۇرۇشتا چىداملىق بولۇڭلار. بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 2966 ـ ھەدىس)

وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَٰرِهِم بَطَرٗا وَرِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ﴿٤٧﴾ وَإِذۡ زَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَعۡمَٰلَهُمۡ وَقَالَ لَا غَالِبَ لَكُمُ ٱلۡيَوۡمَ مِنَ ٱلنَّاسِ وَإِنِّي جَارٞ لَّكُمۡۖ فَلَمَّا تَرَآءَتِ ٱلۡفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَىٰ عَقِبَيۡهِ وَقَالَ إِنِّي بَرِيٓءٞ مِّنكُمۡ إِنِّيٓ أَرَىٰ مَا لَا تَرَوۡنَ إِنِّيٓ أَخَافُ ٱللَّهَۚ وَٱللَّهُ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٤٨﴾

*سىلەر يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى)گە ئوخشاش بولماڭلار①، ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [47]. ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىپ: «بۈگۈن سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار» دېگەن ئىدى. ئەمما ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە: «مېنىڭ سىلەر بىلەن ھېچبىر ئالاقەم يوق، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن②، مەن راستتىنلا ئاللاھتىن قورقىمەن③، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر④» دېدى [48].*

① مەككە مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ سودا كارۋىنىنى قوغداش ۋە ئۇرۇش قىلىش نىيىتى بىلەن چىققاندا ناھايىتى مەغرۇرلانغان ھالدا، پەخىرلىنىپ چىققان ئىدى. بۇ يەردە مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا ئوخشاش بولۇشتىن چەكلەندى.

② مۇشرىكلار مەككىدىن چىققان چاغدا بەنۇبەكىر ئىبنى كەنانە قەبىلىسىدىن ئىبارەت دۈشمەنلىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بۇ چاغدا شەيتان قۇرەيشلەرگە بەنۇبەكىر ئىبنى كەنانە قەبىلىسىنىڭ بىر باشلىقى سۇراقە ئىبنى مالىكنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كۆرۈندى ۋە ئۇلارغا غەلىبە-نۇسرەت بىلەن بىشارەت بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى تولۇق قوللايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ياردەم ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەرىشتىلەرنى كۆرگەن ھامان ئارقىسىغا چېكىندى.

③ شەيتاننىڭ قەلبىدە ئاللاھتىن قورقۇش قانداق پەيدا بولدى؟ ھەقىقەتتە ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تەرەپتىن خاس ياردەم كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەن ۋە مۇشرىكلارنىڭ تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ سۆزنى قىلدى.

④ بۇ ئىبارە شەيتاننىڭ سۆزىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن ياكى يېڭىدىن باشلانغان ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

إِذْ يَقُولُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ غَرَّ هَٰٓؤُلَآءِ دِينُهُمْ ۗ
وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٤٩﴾ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ يَتَوَفَّى
ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَٰرَهُمْ وَذُوقُوا۟
عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ﴿٥٠﴾ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيْسَ
بِظَلَّٰمٍ لِّلْعَبِيدِ ﴿٥١﴾

***ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (شەك) كېسىلى بارلار (مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ)①: «بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئالداپ قويدى② (شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنى يېڭەلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)» دېگەن ئىدى. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىكەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر③ [49]. ئەگەر سەن پەرىشتىلەرنىڭ (بەدرى غازىتىدا) كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ جانلىرىنى ئېلىۋاتقانلىقىنى،***

***(ئاندىن ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» (دېگەنلىكىنى) كۆرگەن بولساڭ (تولىمۇ قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)④ [50]. بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ ئۆز قوللىرىڭلار بىلەن ئالدىن سادىر قىلغان قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە قىلچە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر⑤ [51].***

① بۇلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن شەكلەنگەن يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى ياكى مۇشرىكلار ۋەياكى مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

② يەنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىغا ۋە قورال-ياراقلىرىنىڭ كەملىكىگە قارىماي، ئۆزلىرىدىن سان جەھەتتە كۆپ ۋە قورال-ياراقلىرى تولۇق بولغان مەككە مۇشرىكلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىپتۇ. قارىغاندا، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئالداپ قويۇپتۇ، ئۇلار ۋەزىيەتنى چۈشەنمەپتۇ، دېيىشتى.

③ دېمەك، بۇ دۇنياپەرەسلەر ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا تەۋەككۇل قىلغان مۆئمىنلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىمانىي كۈچىنى قانداقمۇ مۆلچەرلىيەلىسۇن؟ ئۇ ئاللاھ غالىبتۇر، يەنى ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇ ھەر ئىشنى يۈكسەك ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر، ئۇنى ئىدراك قىلىشتىن ئىنساننىڭ ئەقلى ئاجىز كېلىدۇ.

④ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى بەدرى غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەن مۇشرىكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئىبنى جۇرەيج ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا ئالدىنى قىلىپ كەلسە، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قىلىچ بىلەن ئۇراتتى. ئەگەر مۇشرىكلار قوغدىنىش ئۈچۈن ئارقىسىغا چېكىنسە، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىلىرىغا ئۇراتتى.» ئەمما بۇ ئايەت ئومۇمىي بولۇپ، بارلىق كاپىرلارغا قارىتىلغان، يەنى پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئالغاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرىدۇ، سۈرە ئەنئامنىڭ 93-ئايىتىدە كەلگەنىدەك ﴿پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزىدۇ﴾. يەنى پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ياكى ئۇلارنى ئۇرۇپ ئازابلاش ئۈچۈن قوللىرىنى سوزىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، قىيامەت

كۈنى ئازاب پەرىشتىلىرى كاپىرلارنى جەھەننەمگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ئۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا: «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار!» دەيدۇ.

⑤ بۇ ئۇرۇش ۋە ئازابتىن ئىبارەت سىلەرگە بېرىلگەن جازا ئۆزۈڭلار قىلغان يامان قىلمىشىڭلار سەۋەبىدىندۇر. بولمىسا، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئادىل، ھەر تۈرلۈك زۇلۇم سېلىشتىن پاكتۇر. بۇ ھەقتە بىر ھەدىس قۇدسىدا، ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹ئى بەندىلىرىم! مەن ھەقىقەتەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، ئۇنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم. ئۆزئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار، ئى بەندىلىرىم! ئەنە شۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردۇر، مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم، كىمكى ياخشىلىققا ئېرىشسە، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن، كىمكى يامانلىققا ئېرىشسە، ئۇ پەقەت ئۆزىنىلا مالامەت قىلسۇن›». (سەھىھ مۇسلىم، 2577 ـ ھەدىس)

كَدَأْبِ ءَالِ فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْۚ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِيٌّ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٥٢﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِّعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَىٰ قَوْمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٥٣﴾ كَدَأْبِ ءَالِ فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْۚ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمْ فَأَهْلَكْنَٰهُم بِذُنُوبِهِمْ وَأَغْرَقْنَآ ءَالَ فِرْعَوْنَۚ وَكُلٌّ كَانُواْ ظَٰلِمِينَ ﴿٥٤﴾

***(بۇ كاپىرلارنىڭ ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇكى① ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى، ئاندىن گۇناھلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، ئازابى قاتتىقتۇر [52]. بۇ (يەنى ئۇلارغا چۈشكەن ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ② ، شەكسىزكى،***

***ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [53]. (ئۇلارنىڭ ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇكى، ئۇلارمۇ رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. بىزمۇ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، پىرئەۋن جامائەسىنى (دېڭىزغا) غەرق قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى (كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار ئىدى③ [54].***

① ﴿كَدَأْبِ﴾ ئادەت دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭدىكى «ك» ھەرپى ئوخشىتىش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى بۇ مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتىكى ئادىتى ياكى ئەھۋالى پىرئەۋن جامائەسى ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئادىتىگە ياكى ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

② دېمەك، بىرەر قەۋم نېمەتكە كۇفرىلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىۋالمىغۇچە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نېمەتلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋەتمەيدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبلىك نېمەتلىرىنى ئۇلاردىن تارتىۋالىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە لايىق بولۇش ئۈچۈن گۇناھلاردىن ساقلىنىش كېرەك. دېمەك، بىر قەۋم ئۆزىنىڭ يامان ھالىنى ياخشى ھالغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن گۇناھنى تەرك ئېتىپ، ئىتائەت يولىنى تاللىشى كېرەك.

③ بۇ يەردە يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بىر نۇقتا قايتا تەكىتلەندى. لېكىن بۇ يەردە پىرئەۋن جامائەسىنىڭ دېڭىزغا غەرق قىلىنىپ، ھالاك قىلىنغانلىق تەسۋىرى قوشۇلدى. بۇنىڭدىن يەنە بىر نۇقتا ئايان بولدىكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۇلارغا زۇلۇم قىلغىنى يوق. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىغا ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغۇچى بولدى. ﴿پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 46ـ ئايەت)

إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٥﴾ ٱلَّذِينَ عَٰهَدتَّ مِنۡهُمۡ ثُمَّ يَنقُضُونَ عَهۡدَهُمۡ فِي كُلِّ مَرَّةٖ وَهُمۡ لَا يَتَّقُونَ ﴿٥٦﴾

فَإِمَّا تَثۡقَفَنَّهُمۡ فِي ٱلۡحَرۡبِ فَشَرِّدۡ بِهِم مَّنۡ خَلۡفَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ
يَذَّكَّرُونَ ﴿٥٧﴾ وَإِمَّا تَخَافَنَّ مِن قَوۡمٍ خِيَانَةٗ فَٱنۢبِذۡ إِلَيۡهِمۡ عَلَىٰ سَوَآءٍۚ
إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡخَآئِنِينَ ﴿٥٨﴾ وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَبَقُوٓاْۚ
إِنَّهُمۡ لَا يُعۡجِزُونَ ﴿٥٩﴾

*ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار بولۇپ، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ① [55]. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلار بىلەن (مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەسلىك ھەققىدە ئەھدە ئېلىپ) مۇئاھىدە تۈزدۈڭ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھتىن قورقماي، ھەر قېتىمدا ئەھدىنى بۇزىدۇ② [56]. ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئۇلار (نى قاتتىق جازالاش) ئارقىلىق ئارقىدىكىلەرنى تېرىپىرەن قىلىۋەتكىنكى، ئۇلار (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالسۇن (يەنى ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن)③ [57]. ئەگەر سەن (ئاراڭلاردا مۇئاھىدە تۈزۈشكەن) بىرەر قەۋمدىن خىيانەت قىلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىسەڭ (يەنى ئەھدىگە خىيانەت قىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنى سەزسەڭ)، مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق - ئاشكارا تاشلاپ بەرگىن (يەنى سەن بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، ئەھدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن، شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەھدىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلىشتە سەن بىلەن ئۇلار) باراۋەر بولغايسىلەر④. شەكسىزكى، ئاللاھ خىيانەت قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ⑤ [58]. (بەدرى غازىتىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ [59].*

① بۇ ئايەتتە «شَرَّ النَّاسِ» «كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى» دېگەننىڭ ئورنىغا ﴿ شَرَّ الدَّوَابِّ ﴾ «جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى» دېيىلدى، گەرچە بۇ سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە باشقا نەرسىلەرنى

كۆرسەتسىمۇ، ئومۇمەن ھايۋانلار ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ. گويا كاپىرلار كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئىنسانلار جۇملىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھايۋانلار جۇملىسىدىن ھەتتا ھايۋانلار ئىچىدىمۇ ھەممىدىن بەتتەر ھايۋانلاردىن بولۇپ كەتتى.

② بۇ يەردە كاپىرلارنىڭ ھەر قېتىم ئەھدىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقمايدىغان بىر ئادىتى بايان قىلىنىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى مۇئاھىدە تۈزۈشكەنلەر يەھۇدىيلارنىڭ بەنۇ قۇرەيزە قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن كاپىرلارغا ياردەم بەرمەسلىك ھەققىدە ئەھدە ئالغان ئىدى، لېكىن ئۇلار ئەھدىگە ۋاپا قىلمىدى، دەپ قارايدۇ.

③ «تېرىپىرەن قىلىۋەتكىن» دېگەننىڭ مەنىسى، ئۇلارنى شۇنداق ئۆلتۈرگىنكى، ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ھىمايىچىلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرىنىڭ يۈرەكلىرى مىجىلىپ كەتسۇن. ھەتتا ئۇلارمۇ ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قېلىشتىن قورقۇپ، سەن تەرەپكە قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ كەتسۇن.

④ بۇ يەردىكى «خىيانەت» مۇئاھىدە تۈزگەن قەۋمنىڭ ئەھدىنى بۇزۇش خەۋپى ۋە شەپىسى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ﴿عَلَىٰ سَوَآءٍ﴾ «باراۋەر بولغايسىلەر» دېگەننىڭ مەنىسى، قائىدە بويىچە سەنمۇ ۋە ئۇلارمۇ ئەھدىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى بىلىشتە باراۋەر بولغايسىلەر، دېمەكتۇر. يەنى ئۇلارغا: ئەمدى سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەھدە يوق دەپ، ئېلان قىلىپ قويغىن. ئېلان قىلىپ قويۇش شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ھەر كىم ئۆزىنى ئۆزى ھىمايە قىلىشقا مەسئۇل بولسۇن، ھېچبىر تەرەپ خەۋەرسىز تۇرغان ۋە ئارىمىزدا مۇئاھىدە بار دېگەن ئويدا تۇرغان پەيتتە ھۇجۇمغا ئۇچرىمىسۇن.

⑤ يەنى ئەگەر ئەھدىنى بۇزۇش مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بولسىمۇ خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ. ئىمام ئەھمەد سەلىم ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن رۇملارنىڭ ئارىسىدا مەلۇم مۇددەتلىك ئەھدە بار ئىدى، ئۇ بۇ ئەھدىنىڭ مۇددىتى تۈگەشكە يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا يېقىن بىر جايغا لەشكەرلىرىنى توپلاشقا باشلىدى. مەقسىتى ئەھدىنىڭ مۇددىتى تۈگىشى بىلەنلا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى.

ساھابىلەردىن ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىم بىرەر قەۋم بىلەن ئەھدە تۈزسە، ئۇنىڭ مۇددىتى تۈگىگىچە ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلسۇن ياكى بۇ ئەھدىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئۇلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا بىلدۈرۈپ قويسۇن» دېگەن ھەدىسىنى يەتكۈزدى، ھەمدە بۇ ئىشنىڭ ئەھدىگە خىلاپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى. (مۇسنەدى ئەھمەد: 4 ـ توم، 111 ـ بەت، سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد 2579 ـ ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 1580 ـ ھەدىس)

وَأَعِدُّوا۟ لَهُم مَّا ٱسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ ٱلْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ ٱللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَءَاخَرِينَ مِن دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ ٱللَّهُ يَعْلَمُهُمْ ۚ وَمَا تُنفِقُوا۟ مِن شَىْءٍ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ ﴿٦٠﴾ ۞ وَإِن جَنَحُوا۟ لِلسَّلْمِ فَٱجْنَحْ لَهَا وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٦١﴾ وَإِن يُرِيدُوٓا۟ أَن يَخْدَعُوكَ فَإِنَّ حَسْبَكَ ٱللَّهُ ۚ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَيَّدَكَ بِنَصْرِهِۦ وَبِٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٦٢﴾

*(دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە جەڭ ئاتلىرىدىن قانچىلىككە كۈچۈڭلار يەتسە، شۇنچىلىك تەييارلاڭلار①. بۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا سىلەر بىلمەيدىغان، (لېكىن) ئاللاھ بىلىدىغان دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ مۇكاپاتتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ) [60]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن②، چۈنكى ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [61]. ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن)*

***سېنى ئالدىماقچى بولسا، شەكسىزكى، ئاللاھ ساڭا (ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلاشقا) يېتەرلىكتۇر. ئۇ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەندۇر [62].***

① ﴿قُوَّةٍ﴾ دېگەن سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوق ئېتىپ مەشىق قىلىش دەپ چۈشەندۈرگەن. (سەھىھ مۇسلىم 1917-ھەدىس ۋە باشقا ھەدىس كىتابلار) چۈنكى شۇ دەۋردە بۇ ناھايىتى چوڭ ئۇرۇش قورالى ھەم يېتىلدۈرۈش زۆرۈر بولغان ماھارەت ئىدى. ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك ئاتمۇ جەڭ ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئوق (يا ئوقى) ئېتىپ مەشىق قىلىش بىلەن جەڭ ئاتلىرى تەييارلاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلىكى ئىلگىرىكىدەك ئەمەس. شۇڭا ﴿كۈچ-قۇۋۋەت ۋە جەڭ ئاتلىرىدىن قانچىلىككە كۈچۈڭلار يەتسە، شۇنچىلىك تەييارلاڭلار﴾ دېگەن بۇيرۇقنىڭ ئاستىغا بۈگۈنكى ئۇرۇش قوراللىرى (مەسىلەن: يىراقتىن باشقۇرۇلىدىغان بومبا، تانكا، ئاپتومات، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ۋە پاراخوتلىرى قاتارلىقلار) بىلەن تەييارلىق قىلىش كىرىدۇ. ھازىر شۇ زۆرۈردۇر.

② يەنى ئەگەر ۋەزىيەت جەڭ قىلغاننىڭ ئورنىغا سۈلھى قىلىشنى تەقەززا قىلسا ۋە دۈشمەنمۇ سۈلھىگە مايىل بولسا، سۈلھى قىلىشنىڭ ھېچ زىيىنى يوق. ئەگەر دۈشمەن سۈلھى ئارقىلىق ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمەكچى بولسىمۇ، قورقۇش ھاجەتسىز، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش كېرەك. ئاللاھ تائالا دۈشمەننىڭ مىكرىدىن ساقلايدۇ، ئاللاھ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار ئاجىز بولۇپ، سۈلھى قىلىش ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولىدىغان ئەھۋالدا سۈلھىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە مۇسۇلمانلار كۈچلۈك، قوراللىرى سەرخىل بولغان ھالدا، كاپىرلار ئاجىزلاشقان چاغدا، مەغلۇبىيەتتىن قورقۇپ، سۈلھى تەلەپ قىلسا، بۇنداق ئەھۋالدا سۈلھى قىلماستىن، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، شەۋكىتىنى يەرگە ئۇرۇش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، ئاللاھ ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ﴾.)سۈرە مۇھەممەد 35-ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾. (سۈرە ئەنفال 39-ئايەت)

وَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِهِمۡۚ لَوۡ أَنفَقۡتَ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا مَّآ أَلَّفۡتَ
بَيۡنَ قُلُوبِهِمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ أَلَّفَ بَيۡنَهُمۡۚ إِنَّهُۥ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٦٣﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَسۡبُكَ ٱللَّهُ وَمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٦٤﴾ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلنَّبِيُّ حَرِّضِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ عَلَى ٱلۡقِتَالِۚ

*ئۇ مۆئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلسەڭمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ. لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى بىلەن) ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈردى①. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [63]. ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگىمۇ ئاللاھ يېتەرلىكتۇر [64]. ئى پەيغەمبەر! مۆئمىنلەرنى (كاپىرلارغا قارشى) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن②،*

① بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۆئمىنلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن بىر كاتتا نېمەتنى بايان قىلدى. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۆئمىنلەر ئارقىلىق مەدەت بەرگەنلىكى، ئۇلارنى ياردەمچى، قوغدىغۇچى ۋە ھىمايىچى قىلىپ بەرگەنلىكىدۇر. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا ئايلاندۇرۇپ بەرگەنلىكىدۇر. ئىلگىرى ئۇلار بىر-بىرىنىڭ قېنىنى تۆكەتتى، مانا ئەمدى ئۇلار بىر-بىرىگە ئامراق ۋە كۆيۈمچان بولدى. ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىپ، ئورنىغا مېھىر-شەپقەت ۋە مۇھەببەت ئاتا قىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ خاس مېھرىبانلىقى، ئۇنىڭ قۇدرەت ۋە ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بولمىسا، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانىڭ خەزىنىلىرىنى سەرپ قىلسىمۇ، بۇ بۈيۈك مەقسەتكە يەتكىلى بولمايتتى. ئاللاھ تائالا بۇ نېمىتىنى سۈرە ئال ئىمراننىڭ 103-ئايىتىدىمۇ ئەسلىتىدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين غازىتىدا قولغا چۈشۈرگەن

غەنىيمەتلەر ھەققىدە ئەنسارلارىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى ئەنسارلار جامائەسى! سىلەر گۇمراھ ئىدىڭلار، ئاللاھ مەن ئارقىلىق سىلەرنى ھىدايەت قىلدى. يوقسۇل ئىدىڭلار، ئاللاھ مەن ئارقىلىق سىلەرنى باي قىلدى. چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، ئاللاھ مەن ئارقىلىق سىلەرنى بىرلەشتۈردى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر ياخشىلىقنى تىلغا ئالغاندا ئەنسارلار: «بۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ياخشىلىقىدۇر» دېيىشەتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 4330-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1061-ھەدىس)

② «تَحْرِيْضِ»نىڭ مەنىسى، قوزغىماق، تەرغىب قىلماق، يەنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ رىغبەتلەندۈرمەك، ئىشتىياق پەيدا قىلماق دېمەكتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭدىن ئىلگىرى جىھادنىڭ پەزىلەتلىرىنى ساھابىلەرگە سۆزلەپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرەتتى. بەدرى غازىتىدىمۇ سان جەھەتتە كۆپ بولغان مۇشرىكلار سەرخىل قوراللار بىلەن جەڭ مەيدانىغا ھازىر بولغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «كەڭلىكى ئاسمانلار ۋە زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن قوزغىلىڭلار!» دېدى. ساھابىلەردىن ئۇمەير ئىبنى ھەممام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ كەڭلىكىدەك كېلەمدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئۇ: «پاھ، پاھ!» دەپ خۇشاللىقنى ئىزھار قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ پاھ، پاھ! دېيىشىڭگە نېمە تۈرتكە بولدى؟» دېدى. ئۇ: «شۇ جەننەتنىڭ ئىگىلىرىدىن بىرى بولۇش ئۈمىدىم تۈرتكە بولدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ھەقىقەتەن شۇ جەننەتنىڭ ئىگىلىرىدىنسەن» دېدى. ئۇ: «ئازراق ئالدىغىراق ئۆتۈپ قىلچىنىڭ غىلپىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى ۋە خالتىسىدىن خورما چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن قولىدا قالغان خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، ئەگەر مەن بۇ خورمىلارنى يەپ تۈگەتكىچە ياشىسام، ئۇ مەن ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇزۇن بىر ھاياتلىقتۇر» دېدى. ئاندىن دۈشمەننىڭ سېپىغا بۆسۈپ كىرىپ تاكى شېھىت بولۇپ كەتكۈچە ئۇرۇشتى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! (سەھىھ مۇسلىم 1901-ھەدىس)

① بۇ مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن بىشارەتتۇركى، سىلەردىن مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدىغان 20 مۇجاھىد 200 دۈشمەن ئۈستىدىن، 100 مۇجاھىد 1000 دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

② ئالدىنقى ھۆكۈم ساھابە كىراملارغا (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئېغىر كەلدى، چۈنكى ئۇنىڭ مەنىسىدىن بىر مۇسۇلمان ئون كاپىرغا،

يىگىرمىسى ئىككى يۈزگە، يۈزى مىڭغا كۇپايە، كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشتا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى شۇنچىلىك مىقدارغا يەتسە جىھاد پەرز، ئۇنىڭدىن قېچىش جايىز ئەمەس دېگەن ھۆكۈم چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ھۆكۈمنى يەڭگىللىتىپ، ئونغا قارشى بىر دېگەننى كېمەيتىپ، ئىككىگە قارشى بىر بولسا كۇپايە دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. (سەھىھۇل بۇخارى 4653 ـ ھەدىس) ھازىر مۇشۇ نىسبەت بويىچە كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش پەرزدۇر، ئۇنىڭدىن كەم بولسا، پەرز ئەمەس.

③ ئاللاھ بۇنى بايان قىلىش ئارقىلىق سەۋرچان ۋە چىداملىق بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلدى. دېمەك ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چىداملىق بولۇش زۆرۈردۇر.

④ بەدرى غازىتىدا يەتمىش كاپىر ئۆلتۈرۈلگەن، يەتمىشى ئەسىرگە ئېلىنغان ئىدى. بۇ مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ، ئۇ چاغدا ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى ئەھكاملار تېخى چۈشمىگەن ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەكمۇ ياكى فىديە ئېلىپ قويۇپ بېرىش كېرەكمۇ؟ بۇ ھەقتە ساھابىلەر بىلەن كېڭەشتى. ئىككى يولنىڭ قايسىبىرىنى تاللاش جايىز ئىدى، شۇڭا بۇ ئىككى مەسىلە ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما گاھىدا بىر ئىشنىڭ جايىز بولىشى ياكى جايىز بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر شارائىتقا قاراپ، ئەڭ ياخشى ۋە مەنپەئەتلىك قارار ئېلىش زۆرۈردۇر. بۇ يەردىمۇ ۋەزىيەتكە ئەڭ مۇۋاپىق بىر قارار ئېلىش زۆرۈر ئىدى، ئەمما جايىزلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئەڭ توۋەن بىر قارار ئېلىنغان ئىدى، بۇنىڭغا ئاللاھ تائالا كايىپ ئايەت چۈشۈردى. كېڭەشتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلار كاپىرلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە تەكلىپ بەرگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇلار كۇفرى ۋە كاپىرلارنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىغان لەشكەرلەر، بۇلار قويۇۋېتىلسە، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېخىمۇ قاتتىق دۈشمەنلىك قىلاتتى. مەزكۇر تەكلىپنىڭ ئەكسىچە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلار ئۇلاردىن فىديە ئېلىپ، قويۇپ بېرىش تەرەپدارى ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەسىرلەردىن ئېلىنغان فىديە بىلەن كېلەر قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى ئوبدان قىلغىلى بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قاراشنى توغرا تاپتى، شۇنىڭغا بىنائەن بۇ ئايەت ۋە

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەت نازىل بولدى.

«زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ»نىڭ مەنىسى ئەگەر مەملىكەتتە كاپىرلار كۈچلۈك بولسا، (شۇ ۋاقىتتا ئەرەب دىيارىدا كاپىرلار كۈچلۈك ئىدى) ئۇلارنى كۆپرەك ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۈچىنى پارچىلاش زۆرۈر ئىدى. سىلەر بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ فىدىيە ئېلىشنى تاللىدىڭلار، ئىلغار قارارنى قويۇپ، تۆۋەن قارارنى تاللىغانلىقىڭلار سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلاردۇر. كاپىرلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، ئەسىرلەر ھەققىدە ھەر دەۋردىكى مۇسۇلمانلار رەھبىرىگە تاللاش ھوقۇقى بېرىلدى، ئۇ خالىسا ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرىدۇ ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىدۇ ياكى مۇسۇلمان ئەسىرلەر بىلەن ئالماشتۇرىدۇ ياكى ئۇلارنى قۇل قىلىدۇ. دېمەك، ۋەزىيەتكە قاراپ قايسى يولنى تاللىسا جايىز بولىدۇ.

لَّوۡلَا كِتَٰبٞ مِّنَ ٱللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمۡ فِيمَآ أَخَذۡتُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿٦٨﴾ فَكُلُواْ مِمَّا غَنِمۡتُمۡ حَلَٰلٗا طَيِّبٗاۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٦٩﴾

***ئاللاھنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ئالدىن يېزىلغان ھۆكمى بولمىسا ئىدى①، (ئەسىرلەردىن فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار [68]. (ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىيمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار② ۋە ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش)تىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [69].***

① بۇ «ئالدىن يېزىلغان ھۆكۈم»نىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن غەنىيمەتلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ ئېلىپ، تەقدىردە مۇسۇلمانلارغا غەنىيمەتلەر ھالال قىلىنىدۇ دەپ يېزىلغان ئىدى، شۇڭا سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن جايىز بىر ئىشنى

قىلدىڭلار، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، فىدىيە ئالغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن سىلەرگە قاتتىق ئازاب كەلگەن بولاتتى، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنىڭدىن بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا ئازاب كەلمەيدۇ، دېگەن ھۆكۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن فەتھۇلقەدىرگە قارالسۇن)

② بۇ ئايەت غەنىيمەت ئېلىنغان مال-مۈلۈكنىڭ ھالال ۋە پاك ئىكەنلىكىنى ھەمدە فىدىيەنىڭمۇ جايىزلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ ئايەت «ئاللاھنىڭ ئالدىن يېزىلغان ھۆكمى» دېگەندە غەنىيمەتنىڭ ھالال قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن قاراشنى كۈچەيتىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ قُل لِّمَن فِيٓ أَيۡدِيكُم مِّنَ ٱلۡأَسۡرَىٰٓ إِن يَعۡلَمِ ٱللَّهُ فِي
قُلُوبِكُمۡ خَيۡرٗا يُؤۡتِكُمۡ خَيۡرٗا مِّمَّآ أُخِذَ مِنكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۚ
وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٧٠ وَإِن يُرِيدُواْ خِيَانَتَكَ فَقَدۡ خَانُواْ ٱللَّهَ مِن
قَبۡلُ فَأَمۡكَنَ مِنۡهُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ٧١ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ ءَاوَواْ
وَّنَصَرُوٓاْ أُوْلَٰٓئِكَ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمۡ
يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلَٰيَتِهِم مِّن شَيۡءٍ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْۚ

*ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا بىرەر ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى بىلسە (يەنى دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، ئاللاھ ئۇنى بىلىدۇ)① ، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان نەرسىدىن (فىدىيەدىن) ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ② ۋە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر» [70]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (يەنى سەن*

*قويۇپ بەرگەن ئەسىرلەر ئىمانىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق) ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولسا (قايغۇرمىغىن)، ئىلگىرىمۇ ئۇلار (كۇفرى بىلەن، ئەھدىنى بۇزۇش بىلەن) ئاللاھقا خىيانەت قىلغان ئىدى، ئاخىرى ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى③. ئاللاھ (بولغۇسى ھەممە ئىشنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [71]. ئىمان ئېيتقانلار، (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، پۇل - ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)④، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار)غا⑤ كەلسەك، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر - بىرىگە ياردەمچىدۇر ۋە دوستتۇر)⑥. ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار تاكى ھىجرەت قىلغانغا قەدەر سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش (ۋە ياردەم قىلىش) مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر⑦.*

① يەنى سىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىش نىيىتىڭلار ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش ئىستىكىڭلار بولسا، ئۇنى ئاللاھ بىلىدۇ.

② يەنى ئىسلامنى قوبۇل قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان فىديەدىن ياخشىراق نەرسە ئاتا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلارمۇ ئەسىرلەرنىڭ قاتارىدا بار ئىدى، ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نۇرغۇن مال-دۇنيا ئاتا قىلدى.

③ بۇ ئىبارىنىڭ يەنە بىر مەنىسى «ئاللاھ سېنى ئۇلارنى ئەسىر ئېلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى، ئۇلار سېنىڭ قولۇڭغا چۈشتى» يەنى تىل بىلەن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ قويۇپ، كۆز بويامچىلىق قىلماقچى بولسا، ئۇلارغا نېمە پايدا؟ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار كۇفرى ۋە شېرىكتە تۇرۇپ نېمىگە ئېرىشتى؟ ئېرىشكىنى شۇ بولدىكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشتى. شۇڭا كەلگۈسىدىمۇ، ئۇلار شېرىك ئۈستىدە تۇرىۋەرسە، تېخىمۇ ئېغىر خار-زارلىقتىن باشقا ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

④ بۇ ساھابىلەر مۇھاجىرلار دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار پەزىلەتتە بىرىنچى دەرىجىدىكى ساھابىلەردۇر.

⑤ بۇلار ئەنسارلار دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار پەزىلەتتە ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ.

⑥ يەنى بىر-بىرىنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئۆزئارا ياردەم قىلىشىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: «ئۇلار بىر- بىرىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن كېيىن ھەربىر مۇھاجىر بىلەن يەنە بىر ئەنسارنىڭ ئارىسىنى قېرىنداشلىق رىشتىسى بىلەن باغلىغان، ئۇلار قېرىنداش بولغان ئىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە مىراسخورمۇ بولغان ئىدى.) كېيىن بۇ مىراسخور بولۇش ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى)

⑦ بۇ ئۈچىنچى تۈردىكى ساھابىلەر بولۇپ، مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلار جۈملىسىدىن ئەمەس. بۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتلىرى ۋە قەبىلىلىرىدە قالغانلاردۇر. شۇڭا ئۇلار ھەققىدە دېيىلدىكى، «سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش مەجبۇرىيىتىڭلار يوق»، يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار سىلەرگە مىراسخور بولۇشقا لايىق ئەمەس.

وَإِنِ ٱسْتَنصَرُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ فَعَلَيْكُمُ ٱلنَّصْرُ إِلَّا عَلَىٰ قَوْمٍۭ بَيْنَكُمْ
وَبَيْنَهُم مِّيثَٰقٌ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٧٢﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ ۚ إِلَّا تَفْعَلُوهُ تَكُن فِتْنَةٌ فِى ٱلْأَرْضِ وَفَسَادٌ
كَبِيرٌ ﴿٧٣﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَهَاجَرُوا۟ وَجَٰهَدُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ
ءَاوَوا۟ وَّنَصَرُوٓا۟ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُؤْمِنُونَ حَقًّا ۚ لَّهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ
كَرِيمٌ ﴿٧٤﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنۢ بَعْدُ وَهَاجَرُوا۟ وَجَٰهَدُوا۟ مَعَكُمْ
فَأُو۟لَٰٓئِكَ مِنكُمْ ۚ وَأُو۟لُوا۟ ٱلْأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَىٰ بِبَعْضٍ فِى كِتَٰبِ
ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌۢ ﴿٧٥﴾

*ئەگەر ئۇلار دىن (ئىشى)دا سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا،*

***ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا① ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك② ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [72]. كاپىرلار بىر - بىرىنىڭ قاياشىدۇر، ئەگەر بۇنى (ئۆزئارا ھەمكارلىقنى) قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ بۇزغۇنچىلىق تۇغۇلىدۇ③ [73]. ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (ئۆز يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم بەرگەنلەر (يەنى ئەنسارلار)گە كەلسەك، ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر④ ، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار [74]. (ئاشۇ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلاردىن) كېيىن ئىمان ئېيتىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلارمۇ سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىن سانىلىدۇ⑤. ئاللاھنىڭ كىتابىدا (بەلگىلەنگەن ھۆكۈمگە ئاساسەن)⑥ ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [75].***

① يەنى ئۇلار ئاراڭلاردا ئۇرۇش قىلماسلىق ھەققىدە كېلىشىم بار قەۋمگە قارشى سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا قارىغاندا تۈزگەن كېلىشىمگە ئەمەل قىلىش مۇھىمدۇر.

② يەنى مۇشرىكلارغا قارشى تۇرۇشتا ئۇلار سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاج بولسا، ئۇلارغا ياردەم قىلىش زۆرۈردۇر.

③ كاپىرلار بىر-بىرىگە دوست ۋە ئۆزئارا ياردەمچى بولغاندەك، سىلەرمۇ ئىمان ئاساسىدا بىر-بىرىڭلارنى ھىمايە قىلمىساڭلار، كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن يىراق تۇرمىساڭلار، چوڭ پىتنە ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولىدۇ. مۇئمىن بىلەن كاپىرنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشى، دوستلىشىشى ۋە ياخشى كۆرۈشلىرى نەتىجىسىدە دىني ئىشلاردا ئىككىلىنىش، ساختىلىق ۋە خوشامەت قىلىش پەيدا بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: «كاپىرلار بىر - بىرىنىڭ قاياشىدۇر» دېگەن ئايەتنى «كاپىرلار بىر-بىرىگە مىراسخوردۇر» دەپ تەپسىر قىلغان. دېمەك، بىر مۇسۇلمان يەنە بىر كاپىرغا، بىر كاپىر يەنە بىر مۇسۇلمانغا مىراسخور بولالمايدۇ. سەھىھۇل بۇخارىدا «مۇسۇلمان

كاپىرغا، كاپىر مۇسۇلمانغا مىراسخور بولالمايدۇ» دەپ ئوچۇق ھەدىس كەلگەن. دېمەك ئەگەر سىلەر مىراسخور بولۇشتا مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئارىسىنى ئايرىماي، پەقەت تۇغقاندارچىلىقنىلا نەزەردە تۇتساڭلار، ئۇ چاغدا بۇنىڭدىن زور پىتنە ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ.

④ بۇ ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھنىڭ بايانى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئارتۇقچىلىقى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. باشتىكى باياندا بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى ھىمايە قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشىنىڭ پەرزلىكى سۆزلەنگەن ئىدى.

⑤ بۇ يەردە تۆتىنچى بىر گۇرۇھ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئارتۇقچىلىقتا دەسلەپكى ئىككى گۇرۇھتىن تۆۋەن، (ئىلگىرى ھىجرەت قىلمىغان) ئۈچىنچى گۇرۇھتىن يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدۇ.

⑥ دىنىي قېرىنداشلىق ياكى قەسەم قىلىشقان قېرىنداشلىققا ئاساسەن بىر-بىرىگە مىراسخور بولىدىغان ئىش بۇ ئايەت بىلەن ئەمەلدىن قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن مىراسخورلۇق پەقەت نەسەب ۋە نىكاھلىنىش جەھەتتىن بولغان تۇغقانلارغىلا خاس بولىدۇ. «ئاللاھنىڭ كىتابىدا (بەلگىلەنگەن ھۆكۈمگە ئاساسەن) ياكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە» دېگەن لەۋھۇلمەھپۇزدىكى ئەسلىي ھۆكۈمنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئۆز ۋاقتىدىكى دىنىي قېرىنداشلىق ئاساسىدا بىر-بىرىگە ۋاقىتلىق مىراسخور بولۇش ھۆكمى زۆرۈرىيەت تامام بولغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدى، لەۋھۇلمەھپۇزدىكى ئەسلىي ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى.

# سۈرە تەۋبە

| (٩) سورة التوبة مدنية ١٢٩ آية | (9) سۈرە تەۋبە مەدىنىدە چۈشكەن 129 ئايەت |
|---|---|

بَرَآءَةٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّم مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ١
فَسِيحُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِى
ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُخْزِى ٱلْكَٰفِرِينَ ٢

***(بۇ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن (تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن) سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا - جۇدا بولۇش (يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) باياناتىدۇر① [1]. (ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە تۆت ئاي (خالىغىنىڭلارچە) يۈرۈۋېلىڭلار②، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھ (نىڭ جازاسى)دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، (شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭلاركى) ئاللاھ كاپىرلارنى خار قىلغۇچىدۇر③ [2].***

★ سۈرىنىڭ ئىسمى ھەققىدە

مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنىڭ بىر نەچچە ئىسمى بارلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئەڭ مەشھۇر بولغانلىرى ئىككىدۇر. بىرىنچىسى، سۈرە تەۋبە، ئۇنىڭ مۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بۇ سۈرىدە بەزى مۇئمىنلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئىككىنچىسى، سۈرە بارائەت (ئادا-جۇدا بولۇش)، بۇنىڭ سەۋەبى بۇ سۈرىدە مۇشرىكلاردىن ئادا-جۇدا بولۇش ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدىكى بېشىغا ﴿بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ﴾

يېزىلمىغان بىردىنبىر سۈرىدۇر. بۇنىڭ بىر نەچچە خىل سەۋەبى تەپسىر كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان، ئەڭ توغرا بولغىنى شۇكى، سۈرە ئەنفال بىلەن سۈرە تەۋبىنىڭ مەزمۇنىدا كۆپ ئوخشاشلىقلار تېپىلىدۇ. بۇ سۈرە گويا سۈرە ئەنفالنىڭ تولۇقلىمىسى ياكى داۋامىدۇر. بۇ " سَبْعٌ طِوَالٌ " «ئۇزۇن يەتتە سۈرە» دەپ ئاتىلىدىغان يەتتە چوڭ سۈرىنىڭ يەتتىنچىسىدۇر.

① ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھەج مەۋسۇمىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابىلەرنى بۇ ئايەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى كىشىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئېلان قىلىش ئۈچۈن مەككىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار مەككىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن بۇ ھۆكۈمنى ئېلان قىلىدۇ: «بىزنىڭ بۇ يىلىمىزدىن كېيىن، ھېچكىمنىڭ بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىشىغا ۋە ھېچبىر مۇشرىكنىڭ ھەج قىلىشىغا ھەرگىز رۇخسەت قىلىنمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 369 ـ ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1347 ـ ھەدىس)

② بۇ ئادا ـ جۇدا بولۇش باياناتى مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىمەي، مۇتلەق ئەھدە تۈزۈشكەن ياكى تۆت ئايدىن ئاز ياكى كۆپ مەلۇم مۇددەتكىچە ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار مەزكۇر ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا تۆت ئاي تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىندى. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇلار مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە مۇسۇلمان بولسا، ئۇلارغا بۇ يەردە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، بولمىسا، ئۇلار تۆت ئايدىن كېيىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىپ كېتىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى يولدىن بىرىنى تاللىمىسا، مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلار قاتارىدا سانىلىدۇ، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارغا ئەرەب يېرىم ئارىلىنى كاپىرلار ۋە مۇشرىكلاردىن تازىلاش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

③ يەنى سىلەرگە بۇ مۆھلەت سىلەرنى جازالاش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگىنى يوق، بەلكى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى كۆزلەپ، سىلەردىن كىم تەۋبە قىلىپ مۇسۇلمان بولماقچى بولسا، مۇسۇلمان بولىۋالسۇن دەپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر توغرۇلۇق ئاللاھ بەلگىلىگەن تەقدىرنى ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سىلەر ئۆزگەرتەلمەيسىلەر ۋە ئاللاھ تائالا تەرەپتىن سىلەرگە مۇسەللەت قىلىنغان خارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.

وَأَذَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلنَّاسِ يَوۡمَ ٱلۡحَجِّ ٱلۡأَكۡبَرِ أَنَّ ٱللَّهَ
بَرِيٓءٞ مِّنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ وَرَسُولُهُۥۚ فَإِن تُبۡتُمۡ فَهُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ وَإِن
تَوَلَّيۡتُمۡ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّكُمۡ غَيۡرُ مُعۡجِزِي ٱللَّهِۗ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٣﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّم مِّنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ثُمَّ لَمۡ
يَنقُصُوكُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَمۡ يُظَٰهِرُواْ عَلَيۡكُمۡ أَحَدٗا فَأَتِمُّوٓاْ إِلَيۡهِمۡ عَهۡدَهُمۡ
إِلَىٰ مُدَّتِهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٤﴾

***(بۇ) ئەڭ چوڭ ھەج كۈنىدە① ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرىپىدىن ئىنسانلارغا (چىقىرىلغان) ئېلاندۇركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدادۇر. ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر (بۇ دەۋەتتىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ (نىڭ جازاسى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن [3]. ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار②. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ [4].***

① ئىككى سەھىھ كىتاب (بۇخارى ۋە مۇسلىم) ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا كەلگەن دەلىللەرگە ئاساسەن ﴿يَوۡمَ ٱلۡحَجِّ ٱلۡأَكۡبَرِ﴾ «ھەج ئەكبەر، ئەڭ چوڭ ھەج كۈنى» دېگەندە ھېيت كۈنى يەنى قۇربانلىق قىلىدىغان كۈن (زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى) كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (تىرمىزى 957ـ، بۇخارى 4655ـ، مۇسلىم 982ـھەدىسلەر) دەل شۇ كۈنى مىنادا ئادا ـ جۇدا بولۇش ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىندى. زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنىنىڭ «ھەج ئەكبەر، ئەڭ چوڭ ھەج كۈنى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇ كۈندە ھەجنىڭ ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ مۇھىم ئىبادەتلىرى ئادا قىلىندىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. كىشىلەر ئۆمرە قىلىشنى «ھەج ئەسغەر» كىچىك ھەج دەپ ئاتايتتى، شۇڭا ھەجنى ئۆمرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ھەج ئەكبەر» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ئەمما كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر

بولۇپ قالغان «ئەگەر ھەج كۈنى يەنى زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى جۈمە كۈنىگە توغرا كەلسە ھەج ئەكبەر بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھېچ ئاساسى يوقتۇر. (ت ـ بىرزە ئەرەپات كۈنى يەنى زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى جۈمە كۈنىگە توغرا كەلسە «ھەج ئەكبەر» بولىدۇ دېگەن سۆز مەشھۇر. بۇنىڭمۇ ئاساسى يوقتۇر. ئومۇمەن ھەر يىلدىكى ھەج «ھەج ئەكبەر» بولىدۇ.)

② بۇ مۇشرىكلارنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنىڭ مۇددىتى قانچىلىك بولسا، ئۇلارغا مۇددەت توشقىچە مەككىدە تۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلدى. چۈنكى ئۇلار بۇرۇندىنلا ئەھدىگە رىئايە قىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭغا خىلاپ كېلىدىغان ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمىغان ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلارمۇ ئەھدىگە رىئايە قىلىشقا ئەمر قىلىندى.

فَإِذَا ٱنسَلَخَ ٱلۡأَشۡهُرُ ٱلۡحُرُمُ فَٱقۡتُلُواْ ٱلۡمُشۡرِكِينَ حَيۡثُ وَجَدتُّمُوهُمۡ
وَخُذُوهُمۡ وَٱحۡصُرُوهُمۡ وَٱقۡعُدُواْ لَهُمۡ كُلَّ مَرۡصَدٖۚ فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ
ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ فَخَلُّواْ سَبِيلَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٥

***ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلار① ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار② ، ئەسىرگە ئېلىڭلار③ ، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار④ . ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى (ئۆز ھالىغا) قويۇپ بېرىڭلار⑤ . شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [5].***

① بۇ يەردىكى «ھارام قىلىنغان ئايلار» دېگەندىن قايسى ئايلار كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار، بىرىنچى قاراشقا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن ئۇرۇش ھارام قىلىنغان تۆت ئاي كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى رەجەب، زۇلقەئىدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم ئايلىرى. ئادا ـ جۇدا بولۇش ئۇقتۇرۇشى زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى ئېلان قىلىندى، بۇنىڭغا

ئاساسەن مۇشۇ ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ مۇشرىكلارغا 50 كۈن مۆھلەت بېرىلگەن بولىدۇ. چۈنكى ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇشرىكلارنى تۇتۇش ۋە ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. ئىككىنچى قاراشتا ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان تۆت ئايدىن ئۇرۇش ھارام قىلىنغان تۆت ئاي ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىدە ئەركىن يۈرۈشنى كۆرسەتكەن زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنىدىن باشلاپ، رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ ئونىنچى كۈنىگىچە بولغان تۆت ئاي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ تۆت ئاينى ھارام قىلىنغان ئايلار دەپ ئاتاشتىكى سەۋەپ، ئادا-جۇدا بولۇش ئېلانىدىن كېيىن تۆت ئايغىچە مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى ھەر قانداق ھەرىكەت قىلىش چەكلەنگەن ئىدى. شۇڭا بۇ قاراش ئادا-جۇدا بولۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا توغرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

② بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ بۇيرۇقنى ئومۇمىي ھۆكۈم دەپ ئالىدۇ، يەنى «ھەرەمدە بولسۇن ياكى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولسۇن، مۇشرىكلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دېگەن بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار﴾ دېگەن ئايەت مەزكۇر ھۆكۈمنى خاسلاشتۇرىدۇ، پەقەت ھەرەم چېگرىسىنىڭ سىرتىدىلا ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. (ئىبنى كەسىر)

③ يەنى ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى خالىساڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىشنى خالىساڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار.

④ يەنى ئۇلارنى پەقەت ئۇچراتقاندىلا ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇرار جايلىرى، قەلئە ۋە سېپىللىرىنى قورشاڭلار، ھەتتاكى ئۇلارغا سىلەرنىڭ رۇخسىتىڭلار بولماستىن بىر يەرگە بېرىش ۋە ھەرىكەت قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسۇن.

⑤ يەنى ئۇلارغا قارشى ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماڭلار، چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمان بولدى. ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ناماز ئوقۇيدۇ ۋە زاكات بېرىدۇ. دېمەك كىمكى بۇ ئىككى پەرزدىن بىرىنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مۇسۇلمان دەپ قارالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇبەكرى

سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكاتنى بەرمىگەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىشتا، مۇشۇ ئايەتنى دەلىل قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكەنلەرگە قارشى چوقۇم ئۇرۇش قىلىمەن». يەنى ناماز ئوقۇغان ئەمما زاكاتنى بەرمىگەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمەن دېمەكتۇر. (سەھىھۇل بۇخارى 1400-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 20-ھەدىس)

وَإِنۡ أَحَدٞ مِّنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ٱسۡتَجَارَكَ فَأَجِرۡهُ حَتَّىٰ يَسۡمَعَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ
ثُمَّ أَبۡلِغۡهُ مَأۡمَنَهُۥۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا يَعۡلَمُونَ ٦ كَيۡفَ يَكُونُ
لِلۡمُشۡرِكِينَ عَهۡدٌ عِندَ ٱللَّهِ وَعِندَ رَسُولِهِۦٓ إِلَّا ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّمۡ عِندَ
ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۖ فَمَا ٱسۡتَقَٰمُواْ لَكُمۡ فَٱسۡتَقِيمُواْ لَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ
ٱلۡمُتَّقِينَ ٧ كَيۡفَ وَإِن يَظۡهَرُواْ عَلَيۡكُمۡ لَا يَرۡقُبُواْ فِيكُمۡ إِلّٗا وَلَا
ذِمَّةٗۚ يُرۡضُونَكُم بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَتَأۡبَىٰ قُلُوبُهُمۡ وَأَكۡثَرُهُمۡ فَٰسِقُونَ ٨

*ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن①. بۇ (كەڭچىلىك) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر② [6]. ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەزىرىدە، (ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان) مۇشرىكلاردا قانداقمۇ ئەھدە دېگەن نەرسە بولسۇن؟③ ئەمما مەسجىدى ھەرەم يېنىدا سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىگە ۋاپا قىلسىلا، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى (يەنى پەرۋەردىگاردىن قورققان، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، خىيانەت قىلمىغانلارنى) ياخشى كۆرىدۇ④ [7]. مۇشرىكلار ئەگەر سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىقنى، نە ئەھدىگە رىئايە*

***قىلمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ (ئۇلارنىڭ ئەھدىسى ئېتىبارغا ئېلىنسۇن؟)⑤ ئۇلار سىلەرنى (شېرىن - شېكەر) گەپلىرى بىلەن خۇش قىلىدۇ، دىللىرىدا بولسا (ئۇنداق قىلىشنى) خالىمايدۇ (يەنى ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن، كۆڭۈللىرى ئاداۋەت، نىفاق بىلەن تولغان). ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر [8].***

① بۇ ئايەتتە مەزكۇر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان كاپىرلار ھەققىدە بىر رۇخسەت بېرىلىدىكى، ئەگەر قايسىبىر كاپىر پاناھلىق تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا پاناھلىق بەرگىن، يەنى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھىمايە قىلغىن، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاشقا ۋە ئىسلامنى چۈشىنىشكە پۇرسەت بولسۇن. شۇنداق قىلساڭ، ئۇ ھىدايەتكە قايتىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئەگەر ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ مۇسۇلمان بولمىسا، ئۇنى ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن. دېمەك، سەن ئۇنى قوغداش ئۈچۈن بەرگەن ئامانلىقىڭنى ئاخىرغىچە ساقلىغىن. ئۇ ئۆزى ئامانلىق ھېس قىلىدىغان بىخەتەر بىر جايغا تىنچ-ئامان قايتىپ بارغۇچە، ئۇنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭدۇر.

② پاناھلىق تەلەپ قىلغۇچىلارغا ئامانلىق بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىشتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەرسىز كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بەلكىم ئۇلار شۇ ئەمىنلىكتە ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىنى كۆرۈپ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىگە قايىل بولۇشى، ھەتتا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن كۆپلىگەن كاپىرلار ئامانلىق تىلەپ مەدىنىگە كېلىپ-كېتىپ تۇردى، بۇ مەزگىلدە ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىنى كۆرۈپ، ئىسلامنى ياخشى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، نەتىجىدە نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى.

③ بۇ يەردىكى سوراق جۈملە مەنپىي مەنىدە كەلگەن، يەنى سەن بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلاردىن باشقا ئەمدى ھېچكىم بىلەن سېنىڭ ئەھدەڭ قالمىدى.

④ ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك ئىشتۇر. شۇڭا ئەھدە قىلىشقاندا بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك.

⑤ «قانداقمۇ» بۇ يەردىمۇ تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كەلگەن. ﴿إِلًّا﴾ تۇغقانچىلىق، ﴿ذِمَّةً﴾ ئەھدە دېگەن مەنىدە. يەنى بۇ مۇشرىكلارنىڭ ئاغزىدا دەپ قويغان گەپلىرىنىڭ قانداقمۇ ئېتىبارى بولسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلار ئەگەر سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلىپ قالسا، نە تۇغقانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بىرىنچى «قانداقمۇ؟» مۇشرىكلارغا قارىتىلغان، ئىككىنچىسى يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان. چۈنكى كېيىنكى ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال-مۈلۈكلىرىدىن) ئەرزىمەس نەرسىلەرگە سېتىۋەتتى﴾ دېگەن سۈپىتى بايان قىلىندى. بۇ يەھۇدىيلارنىڭلا قىلمىشى ئىدى.

ٱشۡتَرَوۡاْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنٗا قَلِيلٗا فَصَدُّواْ عَن سَبِيلِهِۦٓۚ إِنَّهُمۡ سَآءَ
مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٩ لَا يَرۡقُبُونَ فِي مُؤۡمِنٍ إِلّٗا وَلَا ذِمَّةٗۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلۡمُعۡتَدُونَ ١٠ فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ
فَإِخۡوَٰنُكُمۡ فِي ٱلدِّينِۗ وَنُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ١١

***ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال - مۈلۈكلىرىدىن) ئەرزىمەس نەرسىلەرگە سېتىۋەتتى، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! [9] ئۇلار بىرەر مۆئمىن ھەققىدە نە تۇغقانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ①. ئەنە شۇلار (سىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا) ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر [10]. ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسا ۋە زاكات بەرسە②، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بىز ئايەتلەرنى (ئەنە شۇنداق) تەپسىلىي بايان قىلىمىز [11].***

① بۇ ئىبارە تەكرار كەلدى، تەكرار چۈشەندۈرۈشتىكى مەقسەت مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى يوشۇرۇن ئۆچ-ئاداۋەتنى پاش قىلىشتۇر.

② ناماز – ئاللاھنى بىر دەپ تونۇپ، پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم رۈكنى ۋە ئاساسىدۇر، ئۇ ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر. نامازدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى تېپىلىدۇ، ئۇنىڭدا قىيامدا تۇرۇش، رۇكۇ قىلىش، سەجدە قىلىش، دۇئا-مۇناجاتلار بار، ئۇنىڭدا بەندىلەر ئاللاھنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە مەدھىيلەيدۇ، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئىبادەتنىڭ ھەرخىل شەكىل ۋە تۈرلىرى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. نامازدىن كېيىن ئىككىنچى ئەڭ مۇھىم پەرز زاكاتتۇر، ئۇ ئىبادەتنىڭ بىر تۈرى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بەندىلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەمەلدۇر. زاكاتتىن پۈتۈن جەمئىيەتكە پايدا يېتىدۇ، ھەممىدىن بۇرۇن زاكات بەرگۈچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىچىدىكى نامرات، كەمبەغەل، مىيىپ-ئاجىز ۋە موھتاج كىشىلەر پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلەردىمۇ شاھادەت كەلىمىسىدىن كېيىن مۇشۇ ئىككى پەرز ئاللاھدە تەكىتلەنگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن كىشىلەر بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم». (سەھىھۇل بۇخارى 25-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 22-ھەدىس) ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى زاكات بەرمەيدىكەن، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ.» (جامىئۇل ئۇلۇم ۋەلھىكەم 1-توم، 150-بەت)

وَإِن نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُم مِّنۢ بَعۡدِ عَهۡدِهِمۡ وَطَعَنُواْ فِي دِينِكُمۡ فَقَٰتِلُوٓاْ
أَئِمَّةَ ٱلۡكُفۡرِ إِنَّهُمۡ لَآ أَيۡمَٰنَ لَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ يَنتَهُونَ ١٢ أَلَا تُقَٰتِلُونَ
قَوۡمٗا نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُمۡ وَهَمُّواْ بِإِخۡرَاجِ ٱلرَّسُولِ وَهُم بَدَءُوكُمۡ أَوَّلَ
مَرَّةٍۚ أَتَخۡشَوۡنَهُمۡۚ فَٱللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخۡشَوۡهُ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ١٣

***ئەگەر ئۇلار ئەھدىلەشكەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (دۈشمەنلىكتىن) چەكلىنىشى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېچىڭلار. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ① ھېچقانداق ئېتىبارى يوق [12]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەھدە بەرگەندىن كېيىن) قەسىمنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (يۇرتىدىن) ھەيدەپ چىقىرىشقا ئۇرۇنغان② ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان③ قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلمامسىلەر④؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قورقۇشۇڭلارغا ئەڭ لايىقتۇر [13].***

① ﴿اَيْمَانَ﴾ بولسا «يَمِيْنٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قەسەم مەنىسىدە. ﴿اَئِمَّةَ﴾ «إِمَامٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى پېشىۋا ۋە رەھبەر دېمەكتۇر. يەنى ئەگەر بۇ كىشىلەر ئەھدىنى بۇزسا ۋە دىنىڭغا تەنە قىلىپ، ئۇنى كەمسىتسە، زاھىرى جەھەتتىن كۆپ قەسەم قىلىپ بەرسىمۇ، قەسەملىرىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوقتۇر. كاپىرلارنىڭ ئەنە شۇ پېشىۋالىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇلار كۇفرىدىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن. ھەنەفىي ئالىملىرى بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، زىممىي (ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ياشايدىغان غەيرى مۇسلىم) ئەگەر ئەھدىنى بۇزمىسا، ئەمما ئىسلام دىنىنى ئەيىبلىسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئىشنى بايان قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ھەر ئىككى ئىش سادىر بولمىغۇچە، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، دەيدۇ. لېكىن ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە باشقا ئۆلىمالار دىنىنى ئەيىبلەشمۇ ئەھدىنى بۇزغانلىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇنىڭغا ھەر ئىككى ئىش كىرگەن ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن دىنىنى ئەيىبلىگەن زىممىنى ئۆلتۈرۈش جايىز بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئەھدىنى بۇزغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈش جايىز بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇنىڭدا ئۇز ۋاقتىدا مەككە كاتتىباشلىرىنىڭ دارۇننەدۋىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەتىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ياكى قاماققا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مەسلىھەتلەشكەن ۋە قەستلىمەكچى بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ بۇنىڭدا بىر بولسا بەدرىدە ئۇرۇشۇشقا سەۋەب بولغان مۇشرىكلارنىڭ

قىلمىشلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. ئەسلىدە مۇشرىكلار سودا كارۋىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىققان، لېكىن كارۋىننىڭ ساق-سالامەت قۇتۇلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، بەدرىدە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى كۆزلەپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگەن ۋە دەسلەپتە ئۇرۇش باشلاتقان، نەتىجىدە ئۇرۇش بولغان. ياكى بۇنىڭدىن قۇرەيشلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتتىپاقداش خۇزائە قەبىلىسىگە دەسلەپتە ئۇرۇش ئاچقان بەنى بەكىر قەبىلىسىگە ياردەم بەرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ھالبۇكى، قۇرەيشلەرنىڭ بۇ ياردىمى تۈزۈشكەن ئەھدىگە خىلاپ ئىدى.

④ ﴿أَلَا﴾ سوراقنى كۈچەيتىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، يەنى ﴿أَلَا تُقَاتِلُونَ﴾ «ئۇرۇش ئاچمامسىلەر؟» دېگەن ئىبارە بىلەن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى جىھادقا تەرغىب قىلىۋاتىدۇ.

قَٰتِلُوهُمْ يُعَذِّبْهُمُ ٱللَّهُ بِأَيْدِيكُمْ وَيُخْزِهِمْ وَيَنصُرْكُمْ عَلَيْهِمْ
وَيَشْفِ صُدُورَ قَوْمٍ مُّؤْمِنِينَ ﴿١٤﴾ وَيُذْهِبْ غَيْظَ قُلُوبِهِمْ ۗ وَيَتُوبُ
ٱللَّهُ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٥﴾ أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تُتْرَكُوا۟
وَلَمَّا يَعْلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُوا۟ مِنكُمْ وَلَمْ يَتَّخِذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ
وَلَا رَسُولِهِۦ وَلَا ٱلْمُؤْمِنِينَ وَلِيجَةً ۚ وَٱللَّهُ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿١٦﴾ مَا
كَانَ لِلْمُشْرِكِينَ أَن يَعْمُرُوا۟ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ شَٰهِدِينَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِم
بِٱلْكُفْرِ ۚ

*ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ، ئۇلارنى خار قىلىدۇ، سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۇئمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللىي) بېرىدۇ [14]. ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ①. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [15]. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد*

*قىلغانلارنى②، ئاللاھتىن، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۇئمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى③ بىلمەي (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ، سىلەر ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز، (يەنى سىنالمايمىز) دەپ ئويلامسىلەر؟④ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر⑤ [16]. مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىغا (ئۆزلىرى) شاھىت بولۇپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش سالاھىيىتى يوق، (يەنى كاپىرلىق بىلەن ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر - بىرىگە زىت ئىشتۇر)⑥*

① يەنى مۇسۇلمانلار ئاجىز ۋاقىتىدا بۇ مۇشرىكلار ئۇلارغا زۇلۇم قىلاتتى، شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرى ئازار يېگەن ۋە جاراھەتلەنگەن ئىدى. سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە خارلىققا دۇچار بولۇشى زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدىكى ئاچچىقىنى باسىدۇ، خاپىلىقىنى پەسەيتىدۇ.

② يەنى سىلەر جىھاد ئارقىلىق سىنالمايمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟

③ ﴿وَلِيجَةً﴾ ئەڭ يېقىن ۋە سىرداش دوست دېمەكتۇر. مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ دۈشمەنلىرىنى سىرداش دوست تۇتۇش ۋە ياخشى كۆرۈشتىن چەكلەنگەن ئىدى، شۇڭا بۇ يەردە ئىخلاسمەن مۇئمىنلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئۇلارنى باشقىلاردىن ئايرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ چەكلىمە ئارقىلىق سىنىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

④ يەنى ئىمتىھان ئېلىنماستىن ۋە سىنالماستىن ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز دەپ ئويلامسىلەر؟

⑤ دېمەك، ئاللاھ ھەر نەرسىنى ئالدىن بىلىدۇ، لېكىن جىھاد ئارقىلىق سىناشتىكى ھېكمەت شۇكى، سىناقتا ئىخلاسمەن كىم؟ رىياكار كىم؟ ئىتائەتمەن كىم؟ ئىتائەتسىز كىم؟ ئېنىق ئايان بولىدۇ، يەنى ئىخلاسمەنلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلارنى ھەممە ئادەم كۆرۈپ تونۇۋالىدۇ.

⑥ ﴿مَسٰجِدَ اللّٰهِ﴾ «ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرى» دېگەندە ھەرەم مەسجىدى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردە مەسجىدنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىشلىتىلگەنلىكى ئۇنىڭ ھەممە مەسجىدلەرنىڭ قىبلىسى ۋە مەركىزى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، ياكى ئەرەب تىلىدا بىرلىكنىڭ ئورنىغا كۆپلۈك ئىشلىتىلىشمۇ توغرا

بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. دېمەك، ئاللاھنىڭ بەيتىنى (يەنى ھەرەم مەسجىدىنى) ئاۋات قىلىش ياكى ياساش بولسا مۇئمىنلەرنىڭ ئىشىدۇر؛ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىش سالاھىيىتى يوق. مەسىلەن: ئۇلار لەببەيكە دەپ ئېيتقان تەلبىيەلىرىدىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. (سەھىھ مۇسلىم 1185-ھەدىس) ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىراپى خۇددى ھەربىر دىنغا ئەگەشكۈچىنىڭ ئۆزىنى مەن يەھۇدىي، خرىستىئان، سابىي ياكى مۇشرىك دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ شۇ دىنغا تەۋەلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا ئوخشايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

أُوْلَـٰٓئِكَ حَبِطَتۡ أَعۡمَـٰلُهُمۡ وَفِي ٱلنَّارِ هُمۡ خَـٰلِدُونَ ﴿١٧﴾ إِنَّمَا يَعۡمُرُ
مَسَـٰجِدَ ٱللَّهِ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى
ٱلزَّكَوٰةَ وَلَمۡ يَخۡشَ إِلَّا ٱللَّهَۖ فَعَسَىٰٓ أُوْلَـٰٓئِكَ أَن يَكُونُواْ مِنَ
ٱلۡمُهۡتَدِينَ ﴿١٨﴾ ۞ أَجَعَلۡتُمۡ سِقَايَةَ ٱلۡحَآجِّ وَعِمَارَةَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ
كَمَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَجَـٰهَدَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ لَا يَسۡتَوُۥنَ
عِندَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٩﴾

***ئۇلارنىڭ (ياخشىلىق دەپ) قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ①، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ [17]. ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغان، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى مۇقەررەردۇر② [18]. سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلغانلارنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار بىلەن ئوخشاش***

*(باراۋەر) دەپ ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش (باراۋەر) ئەمەس③.*

① يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (مەسىلەن، تاۋاپ قىلىش، ئۆمرە قىلىش ۋە ھاجىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش قاتارلىق ئەمەللىرى) ئەمەلىيەتتە ياخشى ئەمەل بولسىمۇ، ئىمان ئېيتماي قىلغان ئەمەل بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى مېۋىسى يوق دەرەختەك ياكى خۇشپۇرىقى يوق گۈلدەك، ساۋابسىز قالىدۇ، يەنى ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ.

② ھەدىستىمۇ بۇ نۇقتا ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمنىڭ ئىزچىل ھالدا مەسجىدكە كېلىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ مۇئمىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىڭلار». (سۈنەنى تىرمىزى 3093 - ھەدىس) قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن ناماز، زاكات ۋە ئاللاھتىن قورقۇش يەنى تەقۋالىق تىلغا ئېلىنىدى. بۇنىڭدىن ناماز، زاكات ۋە تەقۋالىقنىڭ مۇھىملىقى ئايان بولىدۇ.

③ مۇشرىكلار ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، ھەرەم مەسجىدىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى، ئۇلار بۇ ئىشلىرىدىن تولىمۇ پەخىرلىنەتتى، ئۇلار بۇ ئەمەللىرىنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ياخشى دەپ قارايتتى، مۇسۇلمانلاردەك ئىمانغا ۋە جىھادقا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. بۇ يەردە ئۇلارغا دېيىلدىكى، سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە مەسجىدى ھەرەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش بىلەن باراۋەر دەپ ھېسابلامسىلەر؟ بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار باراۋەر ئەمەس. ھەتتا مۇشرىكلارنىڭ ھېچبىر ئەمىلى مەقبۇل بولمايدۇ، مەيلى ئۇ ئەمەل كۆرۈنۈشتە ھەرقانچە گۈزەل كۆرۈنسىمۇ. بۇ نۇقتا ئالدىنقى ئايەتنىڭ بېشىدىكى ﴿ئۇلارنىڭ (ياخشىلىق دەپ) قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىندى.

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق بىر ھەدىس بار: «بىر كۈنى بىرقانچە ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، پاراڭلىشىپ قالدى، ئۇ ئادەملەردىن بىرى: ‹مەن

ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا بىر ئەمەلنى ئەۋزەل دەپ قارىمايمەن› دېدى. يەنە بىرى: ‹مەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ھەرەم مەسجىدىنى ئاۋات قىلىشتىن باشقا بىر ئەمەلنى ئەۋزەل دەپ قارىمايمەن› دېدى. ئۈچىنچى بىر ئادەم: ‹ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلىش سىلەر دەۋاتقان بارلىق ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر› دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى توسۇپ: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىنىڭ قېشىدا، ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار› دېدى. ئۇ جۈمە كۈنى ئىدى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز جۈمە نامىزىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن سورىدۇق. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى ئايەت نازىل بولدى». (سەھىھ مۇسلىم 1879 ـ ھەدىس)

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش يەنە ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ھەممىدىن ئەۋزەل ۋە مۇھىم ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى. جۈملىنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتىنى بايان قىلىش مەقسەت قىلىنغان، بىراق ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئەمەل قوبۇل بولمايدىغان بولغاچقا، ئىمان ئىلگىرى بايان قىلىندى. ھەر ھالدا بۇ يەردە ئىككى مەسىلە ئېنىق بولدى: بىرىنچىسى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئەۋزەل ھېچقانداق ئەمەل يوق. ئىككىنچىسى، بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى مۇشرىكلارنىڭ خاتا قاراشلىرىغا رەددىيە بەرگەندىن باشقا يەنە مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆزلىرىچە بەزى ئەمەللەرنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقىنى، بەلكى بۇنىڭ ئاللاھنىڭ ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. مۇئمىنلەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئەمەلنى قىلىشتىن ئىبارەت.

ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ
أَعۡظَمُ دَرَجَةً عِندَ ٱللَّهِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ ٢٠ يُبَشِّرُهُمۡ رَبُّهُم
بِرَحۡمَةٖ مِّنۡهُ وَرِضۡوَٰنٖ وَجَنَّٰتٖ لَّهُمۡ فِيهَا نَعِيمٞ مُّقِيمٌ ٢١ خَٰلِدِينَ
فِيهَآ أَبَدًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ٢٢

*ئاللاھ (كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان) زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ① [19]. ئىمان ئېيتقان، ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە يەتكۈچىلەردۇر (ئۇتۇق قازانغۇچىلاردۇر) [20]. رەببى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇ جەننەتلەردە ئۇلارغا (تۈگىمەيدىغان) دائىمىي نېمەتلەر بار [21]. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، (ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار② [22].*

① يەنى بۇ كىشىلەر ھەر قانچە دەۋا قىلسىمۇ، ھەقىقەتتە زالىم، يەنى مۇشرىكتۇر، چۈنكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر، مۇشۇ زۇلۇم سەۋەبىدىن ئۇلار ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇمدۇر. شۇڭا ئۇ مۇشرىكلارنى ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە سازاۋەر بولغان مۇسۇلمانلار بىلەن ئەسلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

② بۇ ئايەتلەردە ھىجرەت قىلغان ۋە جان ۋە ماللىرى بىلەن جىھادقا قاتناشقان مۇئمىنلەرنىڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىندى. دېمەك، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ھەممىدىن ئۈستۈن بولىدۇ، مانا مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتتۇر، مۇشۇ كىشىلەرلا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان مەڭگۈلۈك نېمىتىگە لايىق بولىدۇ. ئەمما نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يولىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئارتۇق بىلگەنلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىگە لايىق بولالمايدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَتَّخِذُوٓا۟ ءَابَآءَكُمْ وَإِخْوَٰنَكُمْ أَوْلِيَآءَ إِنِ ٱسْتَحَبُّوا۟ ٱلْكُفْرَ عَلَى ٱلْإِيمَـٰنِ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿٢٣﴾ قُلْ إِن كَانَ ءَابَآؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَٰنُكُمْ وَأَزْوَٰجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَٰلٌ ٱقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَـٰرَةٌ تَخْشَوْنَ

كَسَادَهَا وَمَسَٰكِنُ تَرۡضَوۡنَهَآ أَحَبَّ إِلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَجِهَادٖ فِي سَبِيلِهِۦ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٢٤﴾

*ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملاردۇر (يەنى ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ)① [23]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتىلىرىڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھ (ھەققىڭلاردا ئازاب) ئەمرىنى كەلتۈرگەنگە قەدەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»② [24].*

① بۇ قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇندۇر. (سۈرە ئال ئىمران 28-، 118-ئايەت، سۈرە مائىدە 51-ئايەت، سۈرە مۇجادەلە 22-ئايەتلەرگە قارالسۇن) مەزكۇر نۇقتا (ئەھمىيىتى زور بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ يەردە جىھاد ۋە ھىجرەت تېمىسى قاتارىدا بايان قىلىندى. يەنى جىھاد ۋە ھىجرەت قىلىشقا سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ۋە باشقىلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگە توسالغۇ بولۇپ قالمىسۇن، شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئەگەر ئۇلار ئېنىقچە كاپىر بولسا، ئۇلار سىلەرگە دوست بولالمايدۇ، بەلكى ئۇلار سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلاردۇر. ئەگەر سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتساڭلار، بىلىڭلاركى سىلەرمۇ زالىم بولۇپ قالىسىلەر.

② بۇ ئايەتتىمۇ ئىلگىرىكى مەزمۇن ئاللاھىدە تەكىتلەندى. ﴿عَشِيرَتُكُمۡ﴾

«ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار» دېگەن كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولۇپ، كىچە ـ كۈندۈز بىللە ياشايدىغان يېقىن تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ. «اقْتَرَفْ «ئىشلەش، پۇل تېپىش، ھۈنەر ـ كەسىپ قىلىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ﴿تِجَارَةٌ﴾ دېگەن پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ئېلىم ـ سېتىم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿كَسَادَ﴾ كاسات، بازىرى چىقماي قىلىش دېگەن مەنىدە، يەنى سېتىلىدىغان مال بار، ئەمما خېرىدار يوق ياكى مالنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجى قالمىغان، بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا سودا كاساتلىقى بولىدۇ. ﴿مَسٰكِنُ﴾ ئىنسانلار ئىسسىق ـ سوغۇق ۋە بوران ـ چاپقۇنلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ياشاش ئۈچۈن، بالىلارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ياسايدىغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز جايىدا زۆرۈردۇر. ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈشمۇ تەبىئىي ئەھۋال (ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ). لېكىن ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھنى ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرگەندىن ئارتۇق ياخشى كۆرسە، ئۇ نەرسىلەر مۇسۇلمانلارنى ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىن توسۇپ قويسا، ئۇنى ئاللاھ قەتئىي ياقتۇرمايدۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭ نارازىلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. مانا بۇ پاسىقلىق (ئىتائەتسىزلىك) سەۋەبىدىن ئىنسان ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ھەدىسلىرىدە بۇ نۇقتىنى ئېنىق بايان قىلغان. مەسىلەن: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن مەن ئۈچۈن ئۆزۈمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك سەن› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغۇچە ئۇ مۇئمىن بولالمايدۇ› دېدى. شۇ چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھازىردىن باشلاپ سەن مەن ئۈچۈن مېنىڭ جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈك سەن› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئى ئۆمەر مانا ئەمدى (مۇئمىن بولدۇڭ) › دېدى». (سەھىھۇل بۇخارى 6632 ـ ھەدىس) يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق سۆيمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ». (سەھىھۇل

بۇخارى 14-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 44-ھەدىس)

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھادنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بَيْعُ عَيّنَـةٍ» (بىرەر مالنى بىر كىشىگە مۇددەتلىك نېسىگە قىممەت باھادا سېتىپ، دەل شۇ مالنى ئۇنىڭدىن نەق پۇلغا ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش، جازانىخورلۇق) بىلەن شۇغۇللانساڭلار، چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەنلا قانائەت قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلىشنى تاشلىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى شۇنداق بىر خارلىققا گىرىپتار قىلىدۇكى، سىلەر دىنىڭلارغا ھەقىقىي قايتمىغۇچە ئاللاھ بۇ خارلىقنى ئۇستۇڭلاردىن كۆتۈرىۋەتمەيدۇ». (سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد 3462-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد، 2-توم، 42-بەت)

لَقَدْ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ فِى مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ
كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنكُمْ شَيْـًٔا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ ٱلْأَرْضُ بِمَا
رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُم مُّدْبِرِينَ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ أَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ
وَعَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ وَأَنزَلَ جُنُودًا لَّمْ تَرَوْهَا وَعَذَّبَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ۚ
وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٦﴾ ثُمَّ يَتُوبُ ٱللَّهُ مِنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ عَلَىٰ مَن
يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٧﴾

*ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين (غازىتى بولغان) كۈنىدە ھەقىقەتەن ياردەم بەردى، ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرنى مەغرۇرلاندۇرغان ئىدى (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېگەن ئىدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، (لېكىن سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى) سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) شۇنچە كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنە مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار [25]. ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە سىلەر كۆرمىگەن*

***قوشۇنلارنى (يەنى ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار) ۋە كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇدۇر [26]. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ يەنە خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ① (يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ). ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [27].***

① «ھۆنەين» مەككە بىلەن تائىپ ئارىسىدىكى بىر تاغ باغرى بولۇپ، ئۇ يەردە ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىسى ياشايتتى، بۇ ئىككى قەبىلە ئوقيا ئېتىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، ئۇ 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ھۆنەينگە يېتىپ كەلدى. بۇ ۋەقە ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى شەۋۋال ئېيىدا مەككە پەتھى بولغاندىن 18، 19 كۈن كېيىن يۈز بەرگەن. مەزكۇر قەبىلىلەر پۇختا تەييارلىق بىلەن تۇرغان ۋە ئوقياچىلارنى ھەر تەرەپكە يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇ تەرەپتە مۇسۇلمانلاردا بىر خىل پەخىرلىنىش، مەغرۇرلۇق تۇيغۇسى پەيدا بولدى، ئۇلار بىز بۈگۈن سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن مەغلۇپ بولمايمىز دېدى. يەنى ئاللاھنىڭ ياردىمىگە قارىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىگە بەكرەك ئىشىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ كۆرەڭلىكى ئاللاھ تائالاغا ياقمىدى، نەتىجىدە شۇ بولدىكى، ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئوقياچىلىرى يوشۇرۇنۇۋالغان يەردىن بىراقلا مۇسۇلمان لەشكەرلەرنى تۇيۇقسىز ئوققا تۇتقاندا، بۇ تۇساتتىن كەلگەن يامغۇردەك يا ئوقلىرى ھۇجۇمىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرى قالايمىقانلاشتى ۋە ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. جەڭ مەيدانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يۈزگە يېقىن مۇسۇلمانلا قاچماي جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى. شۇ ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قايتىپ كېلىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مەن تەرەپكە كېلىڭلار، مەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىمەن، مەن تەرەپكە كېلىڭلار!» يەنە بەزىدە قاتتىقراق ئۈسلۈپ بىلەن مۇنداق دەيتتى: «مەن ھەق پەيغەمبەرمەن. ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلىمەن.» ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ئۈنلۈك ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۆزى نېمە دېسە شۇ سۆزنى تەكرارلاپ مۇسۇلمانلارنى

قايىتىپ كېلىشكە چاقىرىشقا بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قاچقانلىرىغا پۇشايمان قىلدى، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، جەڭ مەيدانىغا قايتىپ كەلدى. ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتى مۇنداق كەلدى: بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىلىدىن دۈشمەندىن قورقۇش يوقالدى. ئىككىنچىدىن، ئۇلارغا ياردەمگە پەرىشتىلەرنى چۈشۈردى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار كاپىرلاردىن 6000 ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى (كېيىن ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قويۇپ بەردى)، يەنە نۇرغۇن مال-مۈلۈك غەنىيمەت ئالدى. غازاتتىن كېيىن دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ ساندىكى سەردارلىرى مۇسۇلمان بولدى، ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەنى مەزكۇر ئۈچ ئايەتتە قىسقىچە بايان قىلدى.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡمُشۡرِكُونَ نَجَسٞ فَلَا يَقۡرَبُواْ ٱلۡمَسۡجِدَ ٱلۡحَرَامَ بَعۡدَ عَامِهِمۡ هَٰذَاۚ وَإِنۡ خِفۡتُمۡ عَيۡلَةٗ فَسَوۡفَ يُغۡنِيكُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦٓ إِن شَآءَۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٢٨﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇشرىكلار (ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن) پەقەتلا نىجىستۇر①. شۇڭا مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 - يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرەمگە يېقىنلاشمىسۇن② (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (مۇشرىكلار بىلەن قىلىدىغان تىجارەتنىڭ توختاش سەۋەبلىك) پېقىر بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىسەڭلار، ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ③. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [28].***

① مۇشرىكلارنىڭ نىجىس (مەينەت، ناپاك)لىقى ئەقىدە ۋە ئەمەل جەھەتتىن نىجىسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: مۇشرىكلار زاھىرىي ۋە باتىنىي يەنى تاشقى ۋە ئىچكى ھەر ئىككى جەھەتتىن ناپاك،

چۈنكى ئۇلار پاكىزلىق (تاھارەت، تازىلىق)قا شەرىئەت بۇيرۇغانىدەك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بىرىنچى قاراش توغرىغا ئەڭ يېقىندۇر.

② بۇ ھېلىقى ھىجرىيىنىڭ 9 - يىلى ئادا - جۇدا بولۇش ئۇقتۇرۇشى بىلەن بىرگە ئېلان قىلىنغان ھۆكۈمدۇر، ئۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بۇ يەردىكى چەكلىمە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە پەقەت ھەرەم مەسجىدىگە يېقىنلاشماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. مۇشرىكلار زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، باشقا مەسجىدلەرگە كىرسە بولىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار تەرەپتىن ئەسىرگە چۈشكەن سۇمامە ئىبنى ئۇسالنى ئۇز مەسجىدىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويۇشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دىلىغا ئىسلام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىنى سالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان بولغان. كۆپىنچە ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە مەسجىدى ھەرەم دېگەندە پۈتۈن ھەرەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى ھەرەمنىڭ چېگرا دائىرىسى ئىچىگە مۇشرىكلار كىرسە بولمايدۇ. بۇ ئايەت ھەققىدە ئابدۇرراززاق جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «قۇل ياكى زىممى ئادەم بۇ ھۆكۈمدىن مۇستەسنا». ئىمام ئەۋزائىي مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە، يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدلىرىگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنسۇن! دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە مەزكۇر ئايەتنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ بەزى مۇسۇلمانلار، ئادەم كۆپ كېلىدىغان ھەج مەۋسۇمىدا مۇشرىكلارنى ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلساق، بازارلىرىمىز پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە دېيىلدىكى، پېقىرلىقتىن (يەنى تىجارەتتىكى مەنپەئەتنىڭ كەملەپ كېتىشىدىن) ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاللاھ تائالا سىلەرنى پات - ئارىدا ئۆز پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن باي قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە غەلىبە - نۇسرەتلەر كۆپ بولغانچە مۇسۇلمانلارغا تېگىدىغان غەنىيمەتلەرمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى، كېيىن ئاستا - ئاستا پۈتۈن ئەرەبلەر مۇسۇلمان بولدى، ھەجگە كېلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى، ھەتتا ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ بولۇپ، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ كەتتى.

قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا
حَرَّمَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ ٱلۡحَقِّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ
ٱلۡكِتَٰبَ حَتَّىٰ يُعۡطُواْ ٱلۡجِزۡيَةَ عَن يَدٖ وَهُمۡ صَٰغِرُونَ ﴿٢٩﴾ وَقَالَتِ
ٱلۡيَهُودُ عُزَيۡرٌ ٱبۡنُ ٱللَّهِ وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَى ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ ٱللَّهِۖ ذَٰلِكَ
قَوۡلُهُم بِأَفۡوَٰهِهِمۡۖ يُضَٰهِـُٔونَ قَوۡلَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَبۡلُۚ قَٰتَلَهُمُ
ٱللَّهُۖ أَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٣٠﴾ ٱتَّخَذُوٓاْ أَحۡبَارَهُمۡ وَرُهۡبَٰنَهُمۡ أَرۡبَابٗا مِّن دُونِ
ٱللَّهِ وَٱلۡمَسِيحَ ٱبۡنَ مَرۡيَمَ وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُوٓاْ إِلَٰهٗا وَٰحِدٗاۖ لَّآ
إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ سُبۡحَٰنَهُۥ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٣١﴾

سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىمىز دېگەن بىلەنمۇ ئىشەنمىگەننىڭ ئورنىدىدۇر)، ئاللاھ (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ھەدىسلىرىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا ئۆز قوللىرى بىلەن جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇشۇڭلار① *[29]*. يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، ناسارالار: «مەسىھ (يەنى ئىيسا) ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزىدۇر. ئۇلار ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (كۇفرى) سۆزلىرىنى ئوخشاش نەقىل قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا) ئۇلار قانداقمۇ (ھەقىقەتتىن باتىلغا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟ *[30]*. (يەھۇدىيلار) ئۆزلىرىنىڭ ھېبرلىرىنى (يەنى ئۆلىمالىرىنى)، (ناسارالار) ئۆزلىرىنىڭ راھىبلىرىنى (دىنىي باشلىقلىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى رەبلەر (يەنى ئىلاھ ۋە مەبۇد) قىلىۋالدى②. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىرلا ئىلاھ (بولغان ئاللاھ)قا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى

***ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن باشقا) ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر [31].***

① مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇش ھەققىدە چۈشۈرۈلگەن ئومۇمىي بۇيرۇقتىن كېيىن، بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئەمر قىلىندى (ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسا) ياكى ئۇلار جىزيە تۆلەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكمى ئاستىدا ياشاشنى قوبۇل قىلىشى لازىم. جىزيە دېگەن ئىسلام دۆلىتىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەردىن ئېلىنىدىغان مەلۇم مىقداردىكى پۇل-مال دېمەكتۇر. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلارنىڭ جېنى، مال-مۈلكى ۋە ئىززەت-ئابرۇيىنى قوغداش مەسئۇلىيىتى ئىسلام دۆلىتىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن تۇرسىمۇ، بۇ ئايەتتە ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلار دەپ ئېلىنىدى، بۇنىڭدىن شۇنداق بىر نۇقتا ئايان بولىدىكى، ئىنسان ئاللاھ تائالاغا پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق بۇيرۇغاندەك ئىمان كەلتۈرمىگۈچە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا كەلتۈرگەن ئىمانى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا كەلتۈرگەن ئىمانىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، يەھۇدىيلار ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ؛ ناسارالار بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى ھەم ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. تۆۋەندىكى ئايەتتە ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىقادى بايان قىلىنىدۇ.

② بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەپ بەرگەن ھەدىستىن تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بويىنۇمغا ئالتۇندىن ياسالغان كرىست بەلگىسى ئېسىلغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ: «ئى ئەدىي! ئۇ بۇتنى تاشلىغىن، دېدى ۋە ﴿(يەھۇدىيلار) ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى (يەنى ئۆلىمالىرىنى)، (ناسارالار) ئۆزلىرىنىڭ راھىبلىرىنى (دىنىي باشلىقلىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى رەبلەر (يەنى ئىلاھ ۋە مەبۇد) قىلىۋالدى﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. مەن: «بىز (ناسارالار) راھىبلارغا چوقۇنمايدىغان تۇرساق؟» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «توغرا، ئۇلار راھىبلىرىغا چوقۇنمىغان بىلەن، راھىبلىرى ئۇلارغا بىر نەرسىنى ھالال قىلىپ بەرسە، ئۇنى ھالال دەپ بىلگەن؛ بىر نەرسىنى ھارام قىلىپ بەرسە، ئۇنى ھارام دەپ بىلگەن (يەنى

ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، راھىبلىرىغا بويسۇنغان). مانا بۇ ئۇلارنىڭ راھىبلىرىغا چوقۇنغانلىقىدۇر» دېدى. ) ئالبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى3-توم، 247-بەت، سۈنەنى تىرمىزى 3095-ھەدىس) چۈنكى ھارام قىلىش ۋە ھالال قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا ھوقۇقىدۇر. كىمكى بۇ ھوقۇقنى باشقىلاردىمۇ بار دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ شۇلارنى مەبۇد قىلىۋالغانغا ئوخشاش بولىدۇ.

يُرِيدُونَ أَن يُطْفِـُٔواْ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفْوَٰهِهِمْ وَيَأْبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ
وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٣٢﴾ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ
ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ ﴿٣٣﴾

***ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئۇنىڭ دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان - ياۋىداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ①. (ھالبۇكى) كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى تاماملىماي قالمايدۇ [32]. مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ھەق دىن (ئىسلام)نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن②، ئۆزىنىڭ ئەلچىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر [33].***

① يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار ۋە مۇشرىكلار ئېغىۋاگەرچىلىك ۋە يالغانلارنى ئويدۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتكەن توغرا يول ۋە ھەق دىنىنى يوق قىلماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مىسالى كۈن نۇرىنى ياكى ئاي نۇرىنى پۈۋلەپ ئۆچۈرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئاي نۇرى بىلەن كۈن نۇرىنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈش مۇمكىن بولمىغاندەك، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتكەن ھەق دىنىنى يوق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ دىن ھەممە دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلماي قالمايدۇ، يەنى ھامان غەلىبە قىلىدۇ. كېيىنكى جۈملىدە ئاللاھ تائالا مۇشۇ نۇقتىنى بايان قىلىدۇ. ” كافىر“ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى يوشۇرغۇچى دېمەكتۇر، شۇڭا

ئەرەبچىدە كىچىنىمۇ " كافىر" دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى كىچە ھەممە نەرسىنى ئۆز قاراڭغۇلۇقى بىلەن يوشۇرۇۋالىدۇ. دېھقانمۇ " كافىر" دېيىلىدۇ، چۈنكى دېھقان ئۇرۇق-دانلارنى زېمىنغا تېرىپ يوشۇرىدۇ. كاپىرمۇ ئاللاھنىڭ نۇرىنى يوشۇرماقچى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ دىلىدا كۇفرىلىق، مۇناپىقلىق، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچ-ئاداۋەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ كاپىر دەپ ئاتىلىدۇ.

② دەلىل-ئىسپاتلار نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ دىن ھەر ۋاقىت غالىب ھالەتتىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار دىنغا ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىمۇ ھەر جەھەتتىن غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىدى. مانا ھازىرمۇ ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا تولۇق ئەمەل قىلسا، چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدۇ، چۈنكى پەقەت ئاللاھنىڭ قوشۇنىلا غەلىبە قىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر، شەرتى شۇكى، مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولۇشى كېرەك.

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلۡأَحۡبَارِ وَٱلرُّهۡبَانِ لَيَأۡكُلُونَ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡبَٰطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۗ وَٱلَّذِينَ يَكۡنِزُونَ ٱلذَّهَبَ وَٱلۡفِضَّةَ وَلَا يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٖ ٣٤ يَوۡمَ يُحۡمَىٰ عَلَيۡهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكۡوَىٰ بِهَا جِبَاهُهُمۡ وَجُنُوبُهُمۡ وَظُهُورُهُمۡۖ هَٰذَا مَا كَنَزۡتُمۡ لِأَنفُسِكُمۡ فَذُوقُواْ مَا كُنتُمۡ تَكۡنِزُونَ ٣٥

*ئى ئىمان ئېيتقانلار! ھبرلەر ۋە راھىبلەردىن (يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ۋە ناسارا راھىبلىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋالىدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسىدۇ①. (ئى پەيغەمبەر!) ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن② [34]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇلارنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، بىقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى*

*داغلىنىدۇ. (ئۇلارغا) «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغىپ ساقلىغان نەرسىلىرىڭلاردۇر (سىلەر بۇ بايلىقىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). (زاكىتىنى ئايرىماي) يىغىپ ساقلىغان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ) [35].*

① ﴿الْأَحْبَارِ﴾ «ھىبرىلەر» بولسا «حَبْرٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، گەپ-سۆزنى ناھايىتى چىرايلىق شەكىلدە بايان قىلالايدىغان ماھارەت ئىگىسى دېمەكتۇر. ئەرەب تىلىدا چىرايلىق كەشتىلەنگەن كىيىم " ثَوْبٌ مُحَبَّرٌ" دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿الرُّهْبَانِ﴾ دېگەن «رَاهِبٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «رَهْبَنَە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، بۇنىڭدىن ناسارا ئۆلىمالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدىن تەركىدۇنيا بولغان ناسارالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى بولسا، ﴿قِسِّيسِينَ﴾ قىسسىس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆزگەرتىپ، بۇرمىلاپ، كىشىلەرگە ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلەپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ، يەنە كىشىلەرنىڭ مېلىنى ناھەق ۋە ھارام يوللار بىلەن يەيدۇ. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان سۆزنىڭ دەل ئۆزى يۈز بېرىۋاتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا قەدەممۇ قەدەم كىرىپ كېتىسىلەر». (سەھىھۇل بۇخارى 7320-ھەدىس)

② ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى زاكات ئايىتى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈم ئىدى. زاكات ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا زاكاتنى مال - مۈلۈكنى پاكلىغۇچى ۋاستە قىلدى». (سەھىھۇل بۇخارى 1404-ھەدىس) شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار: زاكىتى ئادا قىلىنغان پۇل-مال – يىغىپ، كۆمۈپ ساقلىغان خەزىنە ھېسابلانمايدۇ. زاكىتى ئادا قىلىنمىغان پۇل-مال – يىغىپ، كۆمۈپ ساقلىغان خەزىنە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا بۇ قۇرئاني ئاگاھلاندۇرۇش كەلگەن، دەيدۇ. شۇنىڭدەك بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «مال - مۈلۈكنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن ئادەمگە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مال - مۈلۈكى ئوتتا قىزىتىلغان قىلىچلارغا ئايلاندۇرۇلۇپ، شۇ قىلىچلار بىلەن ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان كۈندە بەندىلەرگە

ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ پىشانىسى، بېقىنى ۋە دۈمبىسى داغلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بېرىلىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم **987**-ھەدىس، سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد **1658**-ھەدىس) دېمەك بايلار خەلقنىڭ گۇمراھ بولۇشىغا ئەڭ چوڭ سەۋەبچى بولىدىغان تەبىقىلەرنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر. بىرىنچىسى ئۆلىمالار، ئىككىنچىسى راھىبلاردۇر. (ئاللاھ بىزنى ئۇلاردىن ساقلىسۇن)

بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن: دىننى بۇزغۇچى ئۈچ تەبىقە باردۇر، ئۇلار پادىشاھ (ھۆكۈمران)، ئازغۇن ئۆلىما ۋە پوپلاردۇر.

إِنَّ عِدَّةَ ٱلشُّهُورِ عِندَ ٱللَّهِ ٱثۡنَا عَشَرَ شَهۡرٗا فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ يَوۡمَ
خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ مِنۡهَآ أَرۡبَعَةٌ حُرُمٞۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُۚ
فَلَا تَظۡلِمُواْ فِيهِنَّ أَنفُسَكُمۡۚ وَقَٰتِلُواْ ٱلۡمُشۡرِكِينَ كَآفَّةٗ كَمَا
يُقَٰتِلُونَكُمۡ كَآفَّةٗۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ ٣٦ إِنَّمَا ٱلنَّسِيٓءُ
زِيَادَةٞ فِي ٱلۡكُفۡرِۖ يُضَلُّ بِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ

***شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقاندىن تارتىپ، (بىر يىلدىكى قەمەرىي) ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ كىتابىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ئون ئىككىدۇر①، ئۇلاردىن (زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەبتىن ئىبارەت) تۆتى ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر، بۇ توغرا دىندۇر② (يەنى مەزكۇر تۆت ئايدا ئۇرۇشنىڭ ھارام قىلىنىشى ئاللاھنىڭ توغرا دىنىدۇر)، شۇڭا بۇ ئايلاردا (ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق بىلەن، ئاللاھ چەكلىگەن گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن) ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار③، مۇشرىكلار سىلەرگە قارشى (ھەممىسى بىرلىكتە) ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى (ھەممىڭلار بىرلىكتە) ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش قىلىڭلار④. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن ئاللاھتىن قورققۇچىلارغا ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە***

*بولـۇڭلار) [36]. (ئـۇرۇش هـارام قىلىنغـان) ئاينـى ئارقىغـا سـۈرۈش⑤ (يەنـى باشـقا بىـر ئايغـا ئۆزگەرتـىش) كۇفرىـدا ھەددىدىـن ئاشقانلىقتۇر، بۇنىڭ بىلەن كاپىر بولغانلار ئازدۇرۇلىدۇ؛*

① «ئاللاھنىڭ كىتابىدا» لەۋھۇلمەھپۇزدا يەنى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە دېگەننى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا دەسلەپتە ئاسمان-زېمىننى ياراتقاندا ئون ئىككى ئاينى بەلگىلىگەن. ئۇلاردىن تۆت ئاي ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلار بولۇپ، بۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش ھارامدۇر. بۇ ھۆكۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە مۇنداق بايان قىلغان: «بىلىڭلاركى، زامان ئايلىنىپ ئاخىرى ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كۈندىكى ئەسلى ھالىتىگە كەلدى. بىر يىل 12 ئايدۇر. ئۇلاردىن تۆت ئاي ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردۇر. ئۈچ ئاي ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدۇ. ئۇلار زۇلقەئدە، زۇلھەججە، ۋە مۇھەررەم ئايلىرى بولۇپ، تۆتىنچىسى جۇمادىيەل ئاخىر ئېيى بىلەن شەئبان ئېيىنىڭ ئارىلىقىدىكى رەجەپ ئېيىدۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 4662-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1679-ھەدىس) «زامان ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلدى» دېگەننىڭ مەنىسى ئەرەب مۇشرىكلىرى ئايلارنى خالىغانچە ئىلگىرى-كېيىن قىلىپ، ئۆزگەرتىپ تۇراتتى، بۈگۈن بۇ ئىشقا خاتىمە بېرىلدى، دېمەكتۇر. بۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىنرەك كېلىدۇ.

② يەنى بۇ ئايلارنىڭ تەرتىپى ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن بويىچە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت ئاي ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر. مانا بۇ ئايلارنىڭ توغرا ھېسابى ۋە مۇكەممەل سانىدۇر.

③ يەنى بۇ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق بىلەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماڭلار.

④ يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى ھەممىڭلار بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش قىلىڭلار. ئەمما مەزكۇر ئايلاردا ئۇلار ئۇرۇش قىلىشقا سىلەرنى مەجبۇرلىسا، ئۇ چاغدا ھارام قىلىنغان ئايلاردىمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش سىلەرگە جايىز بولىدۇ.

⑤ ﴿النَّسِيءُ﴾ يەنى نىسى، ئارقىغا سۈرۈش دېمەكتۇر. ئەرەبلەردە ئىسلامدىن ئىلگىرىمۇ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش-جېدەل قىلىش ۋە يول توسۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىش قاتتىق يامان كۆرۈلەتتى.

براق ئارقا - ئارقىدىن كېلىدىغان ئۈچ هارام ئاي ئىچىدە-ئۇلارنىڭ هۆرمىتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن-ئۇرۇش قىلماي تۇرۇشقا سەۋر-تاقىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىچە مۇنداق بىر چارە-ئامال تۈزۈۋالغان ئىدىكى، ئۇلار ئۆزلىرى هارام ئايلارنىڭ قايسىبىرىدە بۇلاڭچىلىق ۋە ئۇرۇش قىلماقچى بولسا، ئۇرۇشنى قىلىۋېرىپ، ئاندىن ئۇ ئاينىڭ ئورنىغا پالانى ئاي هارام ئاي بولىدۇ دەپ ئېلان قىلىپ قوياتتى. مەسىلەن: مۇھەررەم ئېيىنىڭ هاراملىقىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەپەر ئېيىنى هارام ئاي قىلىۋالاتتى. يەنى مۇھەررەم ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشنى هالال قىلىۋالاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇرۇش قىلىش هارام قىلىنغان ئايلارنىڭ ئورنىغا باشقا ئايلارنى ئالماشتۇرۇپ، ئىلگىرىلىتىپ ياكى كېچىكتۈرۈپ تۇراتتى. مانا بۇ قىلمىش ﴿النَّسِيٓءُ﴾ ئاينى ئارقىغا سۈرۈش دەپ ئاتىلاتتى. ئاللاھ تائالا بۇنى ﴿كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇر﴾ دېدى. چۈنكى بۇ ئالماشتۇرۇش ۋە ئارقىغا سۈرۈشتىن مەقسەت بۇلاڭچىلىق ۋە ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ماددىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامۇ بۇ ئىشقا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن مۇنداق ئېلان قىلدى: «زامان ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىي هالىتىگە كەلدى» يەنى ئەمدى كەلگۈسى ئايلار مۇشۇ تەرتىپ بويىچە، كائىنات يارىتىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ داۋاملىشىپ كەلگەندەك، ماڭىدۇ.

يُحِلُّونَهُۥ عَامًا وَيُحَرِّمُونَهُۥ عَامًا لِّيُوَاطِـُٔواْ عِدَّةَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ
فَيُحِلُّواْ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُۚ زُيِّنَ لَهُمْ سُوٓءُ أَعْمَٰلِهِمْۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى
ٱلْقَوْمَ ٱلْكَٰفِرِينَ ٣٧ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ
لَكُمُ ٱنفِرُواْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱثَّاقَلْتُمْ إِلَى ٱلْأَرْضِۚ أَرَضِيتُم بِٱلْحَيَوٰةِ
ٱلدُّنْيَا مِنَ ٱلْأَخِرَةِۚ فَمَا مَتَٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا فِى ٱلْأَخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ ٣٨
إِلَّا تَنفِرُواْ يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا
تَضُرُّوهُ شَيْـًٔاۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ٣٩

***ئۇلار ئاللاھ (ئۇرۇش قىلىشنى) هارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن① ، ئۇنى بىر يىل هالال قىلىۋالسا ، ئىككىنچى***

***يىل ھارام قىلىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلىدۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [37]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە «ئاللاھ يولىدا (جىھادقا) ئاتلىنىڭلار» دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغۇڭلار كەلمەيدۇ؟② ئاخىرەتتىن (ۋاز كېچىپ) دۇنيا ھاياتىغا رازى بولدۇڭلارمۇ؟ ئۇنتۇماڭلاركى، دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا پەقەت ئەرزىمەس نەرسىدۇر [38]. ئەگەر سىلەر (جىھادقا) ئاتلانمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر (بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن) ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [39].***

① يەنى ئۇلار بىر ئاينىڭ ھاراملىقىنى دەپسەندە قىلىپ، يەنە بىر ئاينى ئۇنىڭ ئورنىغا ھارام دەپ بەلگىلەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى ئاللاھ ھارام قىلغان تۆت ئاينىڭ سانىنى توشقۇزۇشتىن ئىبارەت ئىدى. يەنى ئاللاھ ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. لېكىن ئاللاھ مەنئى قىلغان ئۇرۇش-جېدەل ۋە كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىش چەكلىمىلىرىگە پەرۋا قىلمايتتى، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ زالىملارچە قىلغان ئۇرۇشلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ، خالىغانچە ئۆزگەرتىپ تۇراتتى.

② رۇمنىڭ خىرىستىئان پادىشاھى ھىرەقلىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ساھابىلەرنى تەبۇك سەپىرىگە تەييارلىق قىلىشقا ئەمر قىلدى. بۇ ھىجرىيەنىڭ 9-يىلى شەۋۋالدا يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق، سەپەر بەك ئۇزۇن ئىدى. بەزى مۇسۇلمانلار ۋە مۇناپىقلار بۇيرۇقتا ئەمەل قىلىشتا سۇسلۇق قىلغان ئىدى، بۇ ئايەتتە ئۇلار ئەيىبلەندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تەبۇك غازىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ غازاتتا ئۇرۇش بولمىغان. مۇسۇلمانلار شام دىيارىغا يېقىن بولغان تەبۇكتا 20 كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەلگەن. بۇ قوشۇن «جَيْشُ الْعُسْرَةِ» «كۆپ قىيىنچىلىققا دوچار بولغان قوشۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا لەشكەرلەر ئېغىر قىيىنچىلىقلار ۋە

پەرىشانلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى.

﴿ اثَّاقَلۡتُمۡ﴾ «نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغۇڭلار كەلمەيدۇ؟» يەنى نېمە ئۈچۈن جىهادقا چىقىشتىن ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرۇۋالىسىلەر؟ گەرچە بۇ ئىش بەزى كىشىلەردىن سادىر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەيىبلەش ھەممىگە قارىتىلدى. (فەتھۇلقەدىر)

إِلَّا تَنصُرُوهُ فَقَدۡ نَصَرَهُ ٱللَّهُ إِذۡ أَخۡرَجَهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ثَانِيَ ٱثۡنَيۡنِ إِذۡ هُمَا فِي ٱلۡغَارِ إِذۡ يَقُولُ لِصَٰحِبِهِۦ لَا تَحۡزَنۡ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَنَاۖ فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَيۡهِ وَأَيَّدَهُۥ بِجُنُودٖ لَّمۡ تَرَوۡهَا وَجَعَلَ كَلِمَةَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلسُّفۡلَىٰۗ وَكَلِمَةُ ٱللَّهِ هِيَ ٱلۡعُلۡيَاۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٤٠﴾

*ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن ئەبۇ بەكرىدىن ئىبارەت) بىرلا كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەيدەپ چىقارغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياردەم قىلغان ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (پەيغەمبەر) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، شەكسىزكى، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە» دەيتتى①، ئاللاھ ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) سىلەر كۆرمىگەن قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى②، كاپىرلار بولغانلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) ئەڭ پەس قىلدى، ئاللاھنىڭ سۆزى (بولغان ئىمان كەلىمىسى ھەمىشە) ئەڭ ئۈستۈندۇر③، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [40].*

① جىهادقا چىقماي قېپقالغانلار ياكى جىهادنى ئېلىپ قاچقانلارغا دېيىلىۋاتىدۇكى، ئەگەر سىلەر ياردەم قىلمىساڭلارمۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاج ئەمەس. ئۇ ئۆز پەيغەمبىرىگە غاردا پاناھلىنىپ تۇرغان ۋاقتىدىمۇ ياردەم قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا :﴿غەم قىلمىغىن، ئاللاھ بىز

بىلەن بىللە﴾ دېگەن ئىدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى ھەدىستە مۇنداق كەلدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز غاردىكى چاغدا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرى پۇتىنى كۆتەرسىلا، بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ› دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئى ئەبۇبەكرى! ئۈچىنچىسى ئاللاھ بولغان ئىككى شەخسنىڭ ھالى قانداق بولار دەپ ئويلايسەن› (يەنى ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى بىزنى ئوراپ تۇرغان تۇرسا، يەنە نېمىگە ئەنسىرەيسەن) دېدى». (سەھىھۇل بۇخارى 4663-ھەدىس)

② بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە قىلغان ياردىمىنىڭ ئىككى خىل شەكلى بايان قىلىندى: ئۇنىڭ بىرىنچىسى، خاتىرجەملىك بېغىشلىغانلىقى، ئىككىنجىسى، پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەنلىكى ئىدى.

③ «كاپىر بولغانلارنىڭ سۆزى» دېگەندە ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئېيتقان شېرىك سۆزلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئاللاھنىڭ سۆزى» دېگەندە «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ‹قەھرىمان دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان، قەبىلىۋازلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلغان ۋە كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن رىيا قىلىپ ئۇرۇش قىلغان ئادەملەرنىڭ قايسىسى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ› دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ كەلىمىسىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ ئادەم ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھېسابلىنىدۇ› دېدى». (سەھىھۇل بۇخارى 123-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1904-ھەدىس)

ٱنفِرُواْ خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَٰهِدُواْ بِأَمْوَٰلِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٤١﴾ لَوْ كَانَ عَرَضًا قَرِيبًا
وَسَفَرًا قَاصِدًا لَّٱتَّبَعُوكَ وَلَٰكِنۢ بَعُدَتْ عَلَيْهِمُ ٱلشُّقَّةُۚ
وَسَيَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ لَوِ ٱسْتَطَعْنَا لَخَرَجْنَا مَعَكُمْ يُهْلِكُونَ أَنفُسَهُمْ
وَٱللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿٤٢﴾ عَفَا ٱللَّهُ عَنكَ لِمَ أَذِنتَ لَهُمْ حَتَّىٰ

يَتَبَيَّنَ لَكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَتَعۡلَمَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٤٣﴾

*(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر يەڭگىل بولغان ھالەتتىمۇ ۋە ئېغىر بولغان ھالەتتىمۇ① (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭاي ياكى قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا جىھادقا) ئاتلىنىڭلار، ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇشۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر [41]. ئەگەر (مۇناپىقلار دەۋەت قىلىنغان بۇ ئىش) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت② ۋە ئوتتۇراھال (يېقىن مۇساپىلىك) سەپەر بولسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىيمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى③. لېكىن، بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى. ئۇلار: «ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ، ئۇلار (يالغان قەسەملىرى بىلەن) ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلىدۇ④. ئاللاھ بىلىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر [42]. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە ۋە سەن يالغانچىلارنى بىلمىگۈچە، نېمىشقا ئۇلارغا (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ؟⑤ [43].*

① مۇپەسسىرلەر بۇ ھالەتنىڭ ھەر خىل ئۇقۇملىرىنى بايان قىلدى. مەسىلەن: مەيلى يەككە ھالەتتە بولۇڭلار ياكى توپ بىلەن بىللە بولۇڭلار، ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز بولۇڭلار، كەمبەغەل ياكى باي بولۇڭلار، ياش ياكى قېرى بولۇڭلار، ئاتلىق ياكى پىيادە بولۇڭلار، بالا ـ چاقىلىق ياكى بالا ـ چاقىسىز بولۇڭلار، ئالدىنقى سەپتە بولۇڭلار ياكى ئارقا سەپتە بولۇڭلار ھەممە ئەھۋالدا جىھادقا چىقىڭلار. ئىمام شەۋكانى (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت يۇقىرىدىكى بارلىق ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. شۇڭا ئايەتنىڭ مەنىسى «جىھادقا ئاتلىنىش سىلەرگە يېنىك كەلسۇن ياكى ئېغىر كەلسۇن ھەر ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار» دېمەكتۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە مەزكۇر ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.

② بۇ ئايەتتىن باشلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇزرە بايان قىلىپ، جىھادقا چىقماسلىققا رۇخسەت ئالغانلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق ئىدى. ﴿عَرَضًا﴾ دېگەن ئىبارىسىدىكى ئىبارىدىن ماددىي مەنپەئەت يەنى غەنىيمەت دېمەكتۇر.

③ يەنى غەنىيمەت ئېلىش مەقسىتىدە ساڭا ھەمرا بولۇپ جىھادقا چىقاتتى. لېكىن ئۇزۇن سەپەر ئۇلارنى باھانە كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلدى.

④ چۈنكى يالغان قەسەم ئىچمەك گۇناھى كەبىرەدۇر.

⑤ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن ئۆزرە سوراپ كەلگەنلەرگە، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ ياكى ئەمەسمۇ، ئېنىقلىمايلا رۇخسەت بەردىڭ دەپ، كايىدى. ئەمما بۇ كايىشتىن مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈش ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، چۈنكى بۇ سەۋەنلىكنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى ئاۋۋال بايان قىلىندى. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۇ يەردىكى كايىشنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى تولۇق ئېنىقلىمايلا، ئالدىراپ رۇخسەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. بولمىسا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە سۈرە نۇردا ئۇلاردىن خالىغان كىشىگە ئۆزرىسىنى تەكشۈرۈپ-ئېنىقلىغاندىن كېيىن جىھادقا چىقماسلىققا رۇخسەت بەرسە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ: ﴿سەندىن ئىجازەت سورايدىغانلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەردۇر، ئۇلار بەزى شەخسىي ئىشلىرى ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن﴾ دېگەن ئىدى. (سۈرە نۇر 62-ئايەت) ﴿سەن خالىغان ئادەملەرگە﴾ يەنى ئۆزرىسى مۇۋاپىق كۆرۈلگەن كىشىلەرگە رۇخسەت بەرسەڭ بولىدۇ، دېمەكتۇر.

لَا يَسۡتَـٔۡذِنُكَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ أَن يُجَٰهِدُواْ
بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٤﴾ إِنَّمَا يَسۡتَـٔۡذِنُكَ ٱلَّذِينَ
لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَٱرۡتَابَتۡ قُلُوبُهُمۡ فَهُمۡ فِي رَيۡبِهِمۡ
يَتَرَدَّدُونَ ﴿٤٥﴾ ۞ وَلَوۡ أَرَادُواْ ٱلۡخُرُوجَ لَأَعَدُّواْ لَهُۥ عُدَّةٗ

*ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنگە (چىن قەلبىدىن) ئىشىنىدىغانلار سەندىن پۇل-ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشتىن (قېلىپ قېلىش ئۈچۈن) رۇخسەت سورىمايدۇ①. ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ [44]. سەندىن پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنگە ئىشەنمەيدىغان، (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە قارىتا) دىللىدا شەك بار كىشىلەرلا رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار شەك-شۈبھىلىرىدە تېڭىرقاپ يۈرىدۇ② [45]. ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى③،*

① بۇ ئايەتتە ئىخلاسمەن مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇلار جىھادقا ناھايىتى قىزغىنلىق ۋە ئاكتىپچانلىق بىلەن قاتنىشىدۇ.

② بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن باھانە كۆرسىتىپ، رۇخسەت سورىغان مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىپ دېيىلدىكى، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنگە ئىشەنمەيدۇ. دېمەك، ئۇلاردىكى بۇ ئىشەنمەسلىك ئۇلارنى جىھاد قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ. ئەگەر ئىمان ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەھكەم ئورۇنغان بولسا ئىدى، نە جىھاد قىلىشتىن قاچمىغان، نە دىللىرىدا شەك-شۈبھىلەر پەيدا بولمىغان بولاتتى.

ئىزاھات: بۇ غازاتقا قاتنىششتا مۇسۇلمانلاردىن تۆت تۈرلۈك مەۋقەدە بولغانلار كۆرۈلدى:

بىرىنچىسى، ھېچ ئىككىلەنمەستىن تەييار بولغانلار. ئىككىنچىسى، باشتا ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، كېيىن كەسكىن قارار قىلىپ، تەييار بولغانلار. ئۈچىنچىسى، ئاجىزلىق، كېسەللىك سەۋەبىدىن، مىنىدىغان ئۇلغى ۋە سەپەر خىراجىتى يوق بولغانلىق سەۋەبىدىن ئۆزرىلىك بولغانلار. ئۇلارغا ئاللاھ تائالا ئۆزى رۇخسەت بەرگەن، (بۇلارنىڭ ئەھۋالى 91-، 92-ئايەتلەردە كېلىدۇ) تۆتىنچىسى، پەقەت ھورۇنلۇق قىلىپ جىھادقا قاتناشمىغانلار. بۇ تۆتىنچى تۈردىكىلەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتىن قايتىپ كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلاردىن باشقىلار بولسا، مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ جاسۇسلىرى ئىدى. بۇ ئايەتتە

بىرىنچى تۈردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى تىلغا ئېلىنىدى. قالغان ئۈچ تۈرلۈك مەۋقەدە بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى كېيىنكى ئايەتلەردە بايان قىلىنىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە يالغان سۆزلەپ رۇخسەت ئالغان مۇناپىقلار ھەققىدە دېيىلىۋاتىدۇكى، ئەگەر ئۇلار جىھادقا چىقىشنى ئىرادە قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان بولاتتى.

وَلَٰكِن كَرِهَ ٱللَّهُ ٱنۢبِعَاثَهُمۡ فَثَبَّطَهُمۡ وَقِيلَ ٱقۡعُدُواْ مَعَ
ٱلۡقَٰعِدِينَ ﴿٤٦﴾ لَوۡ خَرَجُواْ فِيكُم مَّا زَادُوكُمۡ إِلَّا خَبَالٗا وَلَأَوۡضَعُواْ
خِلَٰلَكُمۡ يَبۡغُونَكُمُ ٱلۡفِتۡنَةَ وَفِيكُمۡ سَمَّٰعُونَ لَهُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ
بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾ لَقَدِ ٱبۡتَغَوُاْ ٱلۡفِتۡنَةَ مِن قَبۡلُ وَقَلَّبُواْ لَكَ ٱلۡأُمُورَ
حَتَّىٰ جَآءَ ٱلۡحَقُّ وَظَهَرَ أَمۡرُ ٱللَّهِ وَهُمۡ كَٰرِهُونَ ﴿٤٨﴾

*لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، شۇڭا ئۇلارنى (جىھادقا چىقىشتىن سوغۇتۇپ) توختىتىپ قويدى①. (ئۇلارغا) «ئۆيلىرىدە قېلىپ قالىدىغان (ئاياللار، كىچىك باللار ۋە ئاجىز) لار بىلەن بىللە قېلىڭلار②» دېيىلدى [46]. ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە چىققان بولسا ئىدى، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە - پاساتنىلا كۆپەيتەتتى③، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك قىلاتتى④. ئاراڭلاردا ئۇلارنىڭ كۆز - قۇلاقلىرى بار⑤، ئاللاھ زالىملارنى (يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئىچى - تېشىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر [47]. ئىلگىرى ئۇلار تاكى ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنگە، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك قازانغانغا قەدەر، ھەقىقەتەن، بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئورۇنغان ۋە ساڭا ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى⑥، ھالبۇكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى) يامان كۆرگۈچىلەردۇر⑦ [48].*

① ﴿فَثَبَّطَهُمۡ﴾نىڭ مەنىسى ئۇلارنى توختاتتى، يەنى ئۇلارغا ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلاردىن بولۇشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇڭا ئۇلار بوشىشىپ

قالدى، مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە چىقمىدى. (ئەيسەر تەپاسىر) دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يامان نىيەتلىرىنى ۋە سۇيىقەستلىرىنى ئالدىن بىلەتتى، شۇڭا ئاللاھنىڭ تەقدىر-ئىرادىسى ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىشىنى خالىمىدى.

② بۇ بىر بولسا تەقدىردە يېزىلغان ئىلاھىي ئىرادىنىڭ بىر ئىپادىسى ياكى بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلاردىن ئاچچىقلىنىپ نارازى بولغان ھالدا: ئۇنداق بولسا، ئايال‌لار، كىچىك باللار، ئاجىزلار ۋە كېسەللەر ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغاندەك، سىلەرمۇ ئۆيلىرىڭلاردا قېلىڭلار، دېگەن سۆزىدۇر.

③ بۇ مۇناپىقلار ئەگەر ئىسلام لەشكەرلىرىگە قېتىلغان بولسا، خاتا مەسلىھەت بېرىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەپرىقچىلىق پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولاتتى.

④ «إِيْضَاعٌ»نىڭ مەنىسى ئاتنى تېز چاپتۇرۇش دېمەكتۇر. يەنى چېقىمچىلىق ۋە سۇخەنچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئاراڭلاردا پىتنە- پاسات پەيدا قىلىشتا ئاتلىرىنى تېز چاپتۇراتتى، يەنى بىر مىنۇتمۇ بوشاڭلىق قىلمايتتى ۋە بەك تېز ھەرىكەت قىلاتتى. بۇ يەردىكى ﴿الْفِتْنَةَ﴾ دېگەن پىتنە-پاسات، بىرلىكنى بۇزۇش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىش دېمەكتۇر.

⑤ بۇنىڭدىن مۆئمىنلەرنىڭ قوشۇنىدا مۇناپىقلارغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان مۇناپىقلارنىڭ جاسۇسلىرى بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

⑥ شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆتكەن ۋە كېلەچەكتە ئالاقىدار ئىشلاردىن خەۋەر بېرىۋەتتى يەنە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويدىكى، مۇناپىقلارنىڭ سىلەر بىلەن جىھادقا چىقمىغانلىقى سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولدى، چۈنكى، ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە چىققان بولسا، ئۇلار سەۋەبىدىن پاتپاراقچىلىق پەيدا بولاتتى.

⑦ يەنى بۇ مۇناپىقلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭغا قارشى پىتنە پەيدا قىلىپ، ئىشلارنى قالايمىقان قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى. ھەتتا بەدرى غازىتىدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا غەلىبە ئاتا قىلغاندا، ئۇلار قاتتىق بىئارام بولدى. شۇنىڭدەك ئۇھۇد غازىتىدىمۇ بۇ مۇناپىقلار يېرىم يولدىن قايتىپ كېتىپ،

مۇسۇلمانلارنى مەغلۇب قىلىشقا ئۇرۇندى، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ پۇرسەت تاپسىلا، ئۇرۇشتىن قېچىش يولىنى تۇتۇپ كەلدى، ھەتتا مەككە فەتھى قىلىنىپ، كۆپىنچە ئەرەبلەر مۇسۇلمان بولغان چاغدىمۇ خۇرسەن بولماستىن، قاتتىق بىئارام بولدى.

وَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ ٱئۡذَن لِّي وَلَا تَفۡتِنِّيٓۚ أَلَا فِي ٱلۡفِتۡنَةِ سَقَطُواْۗ وَإِنَّ
جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةُۢ بِٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٤٩﴾ إِن تُصِبۡكَ حَسَنَةٞ تَسُؤۡهُمۡۖ وَإِن
تُصِبۡكَ مُصِيبَةٞ يَقُولُواْ قَدۡ أَخَذۡنَآ أَمۡرَنَا مِن قَبۡلُ وَيَتَوَلَّواْ وَّهُمۡ
فَرِحُونَ ﴿٥٠﴾ قُل لَّن يُصِيبَنَآ إِلَّا مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَنَا هُوَ مَوۡلَىٰنَاۚ وَعَلَى
ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿٥١﴾

***ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ماڭا (يەنى مېنىڭ ئۆيدە قېلىشىمغا) رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن»① دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلدە ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولدى. شۈبھىسىزكى، جەھەننەم كاپىرلارنى چوقۇم قورشىغۇچىدۇر [49]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ ئەگەر ساڭا بىرەر كۈلپەت كەلسە: «(ئەجەب ياخشى بولدى) بىز بۇرۇن ئىشنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىكەنمىز» دېيىشىپ خۇشال قايتىشىدۇ② [50]. ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسىلا يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر③. مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى مۇئمىنلەر ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن، ئۇنىدىن باشقا ھېچكىمگە تايانمىسۇن)» [51].***

① ﴿مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن﴾ دېگەننىڭ بىر مەنىسى، ئەگەر ماڭا جىھادقا چىقماسلىققا رۇخسەت بەرمىسەڭ، رۇخسەتسىز جىھاتتىن قېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا ئېغىر گۇناھ يۈكلىنىدۇ دېمەكتۇر. شۇنداق بولغاندا بۇ يەردىكى ﴿ ٱلۡفِتۡنَةِ ﴾ گۇناھ مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئايەتنىڭ مەنىسى، مېنى گۇناھقا گىرىپتار قىلمىغىن دېگەن بولىدۇ.

﴿ الْفِتْنَةِ ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسىنى ھالاكەت دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى، مېنى بىللە ئېلىپ چىقىپ ھالاكەتكە تاشلىمىغىن، دېگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «جەددۇ ئىبنى قەيس (مۇناپىق) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رۇخسەت قىلساڭ، مېنى گۇناھقا گىرىپتار قىلمىساڭ، ئەگەر مەن رىملىق ئاياللارنى كۆرسەم، سەۋر قىلالماي ئۇلار بىلەن گۇناھ ئىش قىلىپ سېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرۇپ: ‹ساڭا رۇخسەت قىلدىم› دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايەت نازىل بولدى.» ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ئەمەلدە ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولدى﴾ يەنى جىھادتىن يۈز ئۆرۈش، كەينىدە قېپقېلىشنىڭ ئۆزى چوڭ بىر بالا ۋە ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن بۇ چوڭ بالاغا گىرىپتار بولدى. ئۆلگەندىن كېيىن جەھەننەم ئۇلارنى ئوراپ ئالىدۇ. ئۇلارغا ئۇنىڭدىن قاچىدىغان ھېچ يول بولمايدۇ.

② جۈملىنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا بۇ يەردە ﴿حَسَنَةٌ﴾ غەلىبە، غەنىيمەت. ﴿ مُصِيبَةٌ﴾ يېڭىلىش، كۈلپەت، جەڭلەردە يۈز بېرىدىغان مەغلۇبىيەت مەنىسىدە كەلگەن. بۇ ئايەت مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئوساللىقنى پاش قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلارغا كۈلپەت يەتكەندە خۇش بولۇپ، ياخشىلىق كەلگەندە بىئارام بولۇش ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قاتتىق ئۆچمەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

③ بۇ ئايەت مۇناپىقلارغا جاۋاب بېرىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى سەۋر قىلىشقا ۋە ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىۋاتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان ھەر قانداق ئىش بولماي قالمايدۇ. ئىنسانغا يەتكەن ياخشىلىق ياكى كۈلپەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن يېتىدۇ. ئەگەر ئىنسانغا بۇ ھەقىقەت ئايان بولسا، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشى ئاسان بولىدۇ ۋە غەيرىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَآ إِلَّآ إِحْدَى ٱلْحُسْنَيَيْنِ ۖ وَنَحْنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمْ
أَن يُصِيبَكُمُ ٱللَّهُ بِعَذَابٍ مِّنْ عِندِهِۦٓ أَوْ بِأَيْدِينَا ۖ فَتَرَبَّصُوٓا۟ إِنَّا
مَعَكُم مُّتَرَبِّصُونَ ﴿٥٢﴾ قُلْ أَنفِقُوا۟ طَوْعًا أَوْ كَرْهًا لَّن يُتَقَبَّلَ

مِنكُمْ إِنَّكُمْ كُنتُمْ قَوْمًا فَـٰسِقِينَ ﴿٥٣﴾ وَمَا مَنَعَهُمْ أَن تُقْبَلَ
مِنْهُمْ نَفَقَـٰتُهُمْ إِلَّآ أَنَّهُمْ كَفَرُوا۟ بِٱللَّهِ وَبِرَسُولِهِۦ وَلَا يَأْتُونَ
ٱلصَّلَوٰةَ إِلَّا وَهُمْ كُسَالَىٰ وَلَا يُنفِقُونَ إِلَّا وَهُمْ كَـٰرِهُونَ ﴿٥٤﴾

***ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر①، بىزمۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز②، سىلەرمۇ (بىر تەرەپتىن بىشىڭلارغا كېلىدىغاننى) كۈتۈڭلار، (يەنە بىر تەرەپتىن) بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە (ئۆزىمىزگە كېلىدىغاننى) كۈتىمىز» [52]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(ئى مۇناپىقلار جامائەسى!) سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا قانچىلىك (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىپ كېتىڭلار، ئۇ سىلەردىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ③، چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم بولدۇڭلار» [53]. ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىكى سەۋەب پەقەت شۇكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازغا پەقەت خۇش ياقمىغان ھالدا كېلىدۇ، پۇل ـ مېلىنى ياقتۇرمىغان ھالدا سەرپ قىلىدۇ④ [54].***

① يەنى سىلەر كۈتكەن غەلىبە ياكى شېھىتلىك ماقامىدىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقتىن قايسىبىرى بىزگە نېسىپ بولسا، بۇ بىز ئۈچۈن ياخشىدۇر.

② يەنى بىز ئىككى يامانلىقتىن بىرىنىڭ سىلەرگە كېلىشىنى كۈتۈۋاتىمىز. يەنى ئاللاھ تائالا ئۇستۇڭلەرگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈپ، سىلەرنى ھالاك قىلىشىنى ياكى ئاللاھ تائالا سىلەرنى بىزنىڭ قولىمىز بىلەن (ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش قاتارلىقلار بىلەن) جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز. ئاللاھ ھەر ئىككىسىگە قادىردۇر.

③ ﴿أَنفِقُوا۟﴾ بۇيرۇق پېئىلى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنى شەرت ۋە جاۋاب مەنىسىدە كەلگەن ئالساقمۇ بولىدۇ. يەنى ئەگەر سىلەر پۇل-مال سەرپ

قىلساڭلارمۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ. ياكى ئۇنى خەۋەر مەنىسىدە كەلگەن بۇيرۇق پېئىلى دەپ ئالساقمۇ بولىدۇ، يەنى پۇل-مال سەرپ قىلىشلار ياكى قىلماڭلار بەرىبىر. ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلساڭلارمۇ، يەنىلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى قوبۇل بولۇش ئۈچۈن ئىمان بىرىنچى شەرتتۇر، بۇ ئىمان سىلەردە يوق. يەنە مەجبۇرىي يوسۇندا، ياقتۇرمىغان ھالدا سەرپ قىلغان نەرسە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەسلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان توغرا نىيەت سىلەردە يوق. بۇ ئايەتتىكى ئۇسلۇب سۈرە تەۋبىنىڭ 80-ئايىتىدىكى ئۇسلۇبقا ئوخشاشتۇر: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)﴾.

④ بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ سەدىقىسىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىكى ئۈچ سەۋەب ۋە دەلىل بايان قىلىندى: بىرىنچىسى، ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە پاسىقلىقى. ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ نامازنى ھورۇنلۇق بىلەن خۇش ياقمىغاندەك ئوقۇيدىغانلىقى، يەنى ئۇلارنىڭ نامازدىن ساۋاب ئۈمىد قىلمايدىغانلىقى ۋە ئۇنى تەرك ئېتىش جازاسىدىنمۇ قورقمايدىغانلىقى. چۈنكى، ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش ۋە ئەمەلنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقۇش ئىماننىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇلاردا بۇ سۈپەت يوقتۇر. ئۈچىنچىسى، مەجبۇرىي يوسۇندا، ياقتۇرمىغان ھالدا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغانلىقىدۇر. چىن دىل بىلەن رازى بولۇپ قىلمىغان ئەمەل قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن؟ ھەرھالدا بۇ ئۈچ خىل سەۋەبنىڭ قايسىبىرى تېپىلسا، ئەمەلنىڭ قوبۇل بولماسلىقىغا يېتەرلىكتۇر. ئەگەر بىر ئەمەلدە بۇ ئۈچ خىل سەۋەب بىرلىشىپ كەلسە، ئۇنداق ئەمەلنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماسلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر.

فَلَا تُعۡجِبۡكَ أَمۡوَٰلُهُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُهُمۡۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُم بِهَا فِي
ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَتَزۡهَقَ أَنفُسُهُمۡ وَهُمۡ كَٰفِرُونَ ٥٥ وَيَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ
إِنَّهُمۡ لَمِنكُمۡ وَمَا هُم مِّنكُمۡ وَلَٰكِنَّهُمۡ قَوۡمٞ يَفۡرَقُونَ ٥٦ لَوۡ
يَجِدُونَ مَلۡجَـًٔا أَوۡ مَغَٰرَٰتٍ أَوۡ مُدَّخَلٗا لَّوَلَّوۡاْ إِلَيۡهِ وَهُمۡ يَجۡمَحُونَ ٥٧

*(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە پەرزەنتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن① ، پەقەت ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ھاياتىدا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى② ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ③ [55]. ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە سىلەردىنمىز (يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارمىز)» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار (سىلەردىن) قورقىدىغان (شۇڭا ئۆزىنى مۇسۇلماندەك كۆرسىتىدىغان) قەۋمدۇر④ [56]. ئەگەر ئۇلار بىرەر پاناھگاھ ياكى غار ۋەياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكەن بولاتتى⑤ [57].*

① چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا سىناق ئۈچۈن بېرىلگەن. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز﴾. (سۈرە تاھا 131 ـ ئايەت) يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾. (سۈرە مۇئمىنۇن 55 ـ، 56 ـ ئايەت) يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاد ئاللاھنىڭ سىنىقىدۇر.

② ئىمام ئىبنى كەسىر ۋە ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى بۇ يەردىكى ئازابلاشنى ئۇلاردىن زاكات ئېلىش ۋە ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش ئۈچۈن پۇل ـ مال ئېلىش دەپ تەپسىر قىلغان. يەنى ئۇ مۇناپىقلارنىڭ دۇنيادا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازابلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ (ساۋاب ئۈمىد قىلماستىن، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆڭۈللىرى بىئارام بولغان ھالدا بېرىدىغان) زاكات ۋە سەدىقىلىرى ئېلىنىشى كېرەك.

③ يەنە ئۇلارنىڭ كاپىر ھالەتتە جان ئۈزۈشىنى خالايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى چىن دىلىدىن قوبۇل قىلمىغان ۋە كۇفرىدا ۋە مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلاردۇر.

④ مۇشۇ قورقۇنچ ۋە خەۋپ سەۋەبىدىن ئۇلار يالغاندىن قەسەم قىلىپ، ﴿بىز ئەلۋەتتە سىلەردىنمىز﴾ دەپ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان كۆرسەتمەكچى بولىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار تېز يۈگۈرگەن ھالدا شۇ پاناھگاھلارغا قاراپ كەتكەن بولاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن قىلغان ھەرقانداق ئالاقىسى سىلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى يامان كۆرگەنلىكىدىندۇر.

وَمِنْهُم مَّن يَلْمِزُكَ فِي ٱلصَّدَقَٰتِ فَإِنْ أُعْطُواْ مِنْهَا رَضُواْ وَإِن لَّمْ يُعْطَوْاْ مِنْهَآ إِذَا هُمْ يَسْخَطُونَ ﴿٥٨﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ رَضُواْ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَقَالُواْ حَسْبُنَا ٱللَّهُ سَيُؤْتِينَا ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ وَرَسُولُهُۥٓ إِنَّآ إِلَى ٱللَّهِ رَٰغِبُونَ ﴿٥٩﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىرلىرى باركى، ئۇلار سەدىقىلەرنىڭ (ۋە غەنىيمەتلەرنىڭ تەقسىماتى) ئىشلىرىدا سېنى ئەيىبلەيدۇ①، ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە، رازى بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن بېرىلمىسە، دەرھال نارازى بولۇپ كېتىدۇ② [58]. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگىنىگە رازى بولغان ۋە: «ئاللاھ بىزگە يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ بىزگە يېقىندا ئۆز پەزلىدىن (يەنە) بېرىدۇ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە (ئۇنى تەقسىم قىلىپ) بېرىدۇ. ھەقىقەتەن بىز ئاللاھتىنلا ئۈمىد كۈتكۈچىلەرمىز» دېسە ئىدى (ئەلۋەتتە، ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى بولاتتى) [59].***

① بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ يەنە بىر چوڭ خاتالىقىنى بايان قىلىدىكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ئېسىل پەزىلەتلىك زاتنى غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشتا ئادىل ئەمەس (بۇنداق سۆزدىن ئاللاھ پاناھ بەرسۇن) دەپ بىلجىرلىدى. مەسىلەن: بىر ھەدىستە ئىبنى زۇلخۇۋەيسىرە ھەققىدە مۇنداق كەلگەن: ئۇ بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئادىل تەقسىم قىلغىن!» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا ۋاي! مەن ئادىللىق قىلمىسام، كىم ئادىللىق قىلىدۇ؟» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 3610-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1064-ھەدىس)

② ئۇلارنىڭ تۆھمەت چاپلاپ ئەيىبلىشىدىكى مەقسىتى ئىقتىسادىي

مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئىدى. مۇناپىقلار شۇنداق قىلسا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ پىتنىسىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا كۆپ مىقداردا نېسىۋە بېرىدۇ. ھەقلىق بولسۇن ياكى بولمىسۇن، چوقۇم بىر نەرسە بېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

۞ إِنَّمَا ٱلصَّدَقَٰتُ لِلْفُقَرَآءِ وَٱلْمَسَٰكِينِ وَٱلْعَٰمِلِينَ عَلَيْهَا وَٱلْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِى ٱلرِّقَابِ وَٱلْغَٰرِمِينَ وَفِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱبْنِ ٱلسَّبِيلِ ۖ فَرِيضَةً مِّنَ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٦٠﴾

***سەدىقىلەر (يەنى پەرز زاكات) پەقەت پېقىرلارغا①، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، (قايتۇرالمايدىغان) قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، (يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان) مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ②، بۇ (ھەق ـ ھوقۇقلار) ئاللاھ تەرىپىدىن پەرز قىلىنغاندۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [60].***

① بۇ ئايەتتە مەزكۇر ئەيىبلەش ۋە تەنە قىلىش يوللىرىنى ئېتىش ئۈچۈن سەدىقىگە لايىق كىشىلەر بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى ﴿الصَّدَقٰتُ﴾ «سەدىقىلەر» دېگەندىن پەرز سەدىقە يەنى زاكات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئايەت چەكنى بىلدۈرۈش ۋە خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ﴿إِنَّمَا﴾ بىلەن باشلانغان بولۇپ، زاكاتنىڭ ھەممە كىشىلەرگە ئەمەس پەقەت ساناقلىق مەلۇم كىشىلەرگىلا بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الصَّدَقٰتُ﴾دىكى «ال: ئەلىف، لام» تۈرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى ئايەتتىكى سەدىقىنىڭ بىر تۈرى بولغان زاكات سەككىز تۈرلۈك كىشىلەردىن باشقىلارغا بېرىلمەيدۇ. زاكاتنى مەزكۇر سەككىز تۈرلۈك كىشىلەردىن باشقىلارغا بېرىش توغرا ئەمەس، دېمەكتۇر.

زاكاتنى سەككىز تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ھەممىگە تەقسىم قىلىش لازىممۇ ياكى زاكات بەرگۈچى ياكى زاكاتقا مەسئۇل خادىم ھەر قايسى تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بىر ياكى بىر نەچچە تۈردىكى كىشىلەرگە تەقسىم قىلسىمۇ بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىلىم ئەھلىنىڭ

ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش بار. ئىمام شافىئىي قاتارلىق ئۆلىمالار بىرىنچى خىل قاراشنى قوللايدۇ. ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق ئۆلىمالار ئىككىنچى خىل قاراشنى قوللايدۇ. ئىككىنچى خىل قاراش ئەڭ توغرا ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى قاراش بويىچە زاكاتنى سەككىز تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ھەممىگە تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىش لازىم. يەنى مەنپەئەت ۋە ئېھتىياجنىڭ دەرىجىسىگە قارىماستىن زاكات پۇلىنى سەككىز قىسىمغا بۆلۈپ، سەككىز تۈرلۈك كىشىلەرگە بېرىش كېرەك. ئىككىنچى قاراشقا ئاساسەن مەنپەئەت ۋە ئېھتىياجنى ئېتىبارغا ئېلىش زۆرۈردۇر، قايسىبىر تۈردىكى كىشىلەرنىڭ زاكاتقا بولغان ئېھتىياجى زور بولسا ياكى قايسى بىر تۈردىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى جىددى زاكاتقا قاراشلىق بولۇپ قالغان بولسا، شۇ ئېھتىياج ۋە مەنپەئەتكە قاراپ زاكاتنى بېرىش لازىم، بۇ تەقسىماتتا بىر تۈرگە زاكات بېرىپ، باشقا تۈرلەرگە ئاشمىسىمۇ جايىز بولىدۇ. بۇ قاراشتىكى تەقسىمات ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ، بىرىنچى قاراشتا بۇ نۇقتا نەزەردە تۇتۇلمىغان.

② زاكات بېرىلىدىغان 8 تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ قىسقىچە بايانى تۆۋەندىكىچە:

1 - ۋە 2 - پېقىر ۋە مىسكىنلەر. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە مەنىدە يېقىن سۆزلەر بولۇپ، پېقىرنى مىسكىن، مىسكىننى پېقىر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى ئايرىم-ئايرىم بايان قىلغاندا ئازغىنە پەرق كۆرۈلىدۇ. ئەمما ئۇقۇم جەھەتتىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان، تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرىنى قامداشتا يېتەرلىك پۇل-مېلى بولمىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق، مانا بۇلار پېقىرلار ۋە مىسكىنلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مىسكىنلەر ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايلىنىپ يۈرۈپ كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەيدىغان (ھەربىر ئادەمدىن) بىر، ئىككى لوقما يېمەك ۋە بىر ئىككى تال خورمىغا ئېرىشىدىغان ئادەم مىسكىن ھېسابلانمايدۇ» دېگەندە، ساھابىلار: «ئى ئالLاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا مىسكىن قانداق ئادەم؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مىسكىن شۇنداق ئادەمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى قامدىغۇدەك بىر نەرسە تاپالمايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىدۇ - دە، ئۇنىڭغا زاكات بەرمەيدۇ. ئۇ تارتىنىپ كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمايدۇ» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى

1479-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1039-ھەدىس) مانا بۇ مىسكىننىڭ سۈپەتلىرىدۇر، ئەمما پېقىرنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ھەسەن بەسرى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلاردىنمۇ پېقىرنىڭ سەدىقىغە ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى جەرىر قاتارلىق بىر قانچە مۇپەسسىرلەر: «پېقىر دېگەن نۇمۇسچان، كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمايدىغان ئادەمدۇر.» دەپ بايان قىلدى. (ئىبنى كەسىر)

3-زاكات خادىملىرى. ھۆكۈمەت تەرەپتىن زاكات يىغىشقا ۋە تەقسىم قىلىشقا بەلگىلەنگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار زاكاتقا ئالاقىدار ھېساب-كىتاب ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

4-دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار. بۇلار مۇنداق بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

• ئىسلامغا ئازراق مايىل كاپىر كىشىلەر، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئىسلامغا كىرىشىدىن ئۈمىد قىلىنىدۇ.

• يېڭى مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر، ئۇلارنى ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان قىلىش ئۈچۈن ياردەم قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغانلار.

• مۇسۇلمانلارغا باشقىلاردىن كېلىدىغان ھۇجۇمنى توسۇشقا ياردەم قىلىشى ئۈمىد قىلىنىدىغان كىشىلەر، ئۇلارغا ياردەم قىلىش بىلەن ئاجىز مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش ئۈمىد قىلىنىدۇ.

• ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامغا كىرىشى ئۈمىد قىلىنغان كىشىلەر، گەرچە باي بولسىمۇ، ئۇلارغا زاكات بەرسە بولىدۇ. ھەر دەۋردە ۋەزىيەت-شارائىتقا قاراپ بۇ تۈردىكىلەرگە زاكات بېرىش جايىزدۇر.

5-قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن زاكات بېرىلىدۇ، بەزى ئۆلىمالار بۇنىڭدىن خوجايىنلىرى بىلەن مۇئەييەن مىقداردا پۇل تېپىپ بېرىپ، ئازاد بولۇشقا توختاملاشقان قۇللار كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قارايدۇ. باشقا ئۆلىمالار زاكاتنى خوجايىنى بىلەن توختاملاشقان ۋە توختاملاشمىغان ھەر ئىككى خىل قۇلنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قارايدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇشۇ قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن.

6 - قەرزدارلار. بۇلار بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى، ئائىلىسىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىنى قامداش يولىدا قەرز بولۇپ قالغان، قولىدا نەخ پۇل بولمىغان، سېتىپ قەرزىنى تۆلەشكە مال-بىساتى بولمىغان كىشىلەردۇر.

ئىككىنچى، باشقىلارغا كېپىل بولۇش يولىدا تۆلەمگە قېلىپ، قەرزدار بولۇپ قالغان كىشى ياكى قەرزگە كېپىل بولغان، ئاندىن ئۇنى تۆلەشكە توغرا كېلىپ پۈتۈن مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشى ياكى زىرائەتلىرى، مال-مۈلكى ئاپەتكە ئۇچراپ زىيان تارتقان، شۇ سەۋەبتىن قەرزدار بولۇپ قالغان كىشىدۇر. بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىگە زاكاتتىن بېرىش جايىزدۇر.

7-فى سەبىلىللاھ، ئاللاھنىڭ يولىغا. ئاللاھنىڭ يولى دېگەندە جىھاد كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى جەڭگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا ۋە مۇجاھىدقا (گەرچە ئۇ باي بولسىمۇ) زاكاتنى بېرىش جايىزدۇر. ھەدىسلەردە «ھەج ۋە ئۆمرىمۇ فى سەبىلىللاھقا كىرىدۇ» دېيىلگەن. شۇنىڭدەك يەنە بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، دەۋەت ۋە تەبلىغ ئىشلىرىمۇ فى سەبىلىللاھقا كىرىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىكى مەقسەت جىھادنىڭ مەقسىتىگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىشتۇر.

8-يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىر. يەنى ھەر قانداق بىر مۇساپىر سەپىرىدە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلىرى تۈگەپ كەتكەن بولسا، گەرچە ئۇ ئۆز يۇرتىدا باي كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا زاكاتتىن بېرىلىدۇ.

وَمِنۡهُمُ ٱلَّذِينَ يُؤۡذُونَ ٱلنَّبِيَّ وَيَقُولُونَ هُوَ أُذُنٞۚ قُلۡ أُذُنُ خَيۡرٖ لَّكُمۡ
يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَيُؤۡمِنُ لِلۡمُؤۡمِنِينَ وَرَحۡمَةٞ لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡۚ
وَٱلَّذِينَ يُؤۡذُونَ رَسُولَ ٱللَّهِ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ٦١ يَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ
لَكُمۡ لِيُرۡضُوكُمۡ وَٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَحَقُّ أَن يُرۡضُوهُ إِن كَانُواْ
مُؤۡمِنِينَ ٦٢ أَلَمۡ يَعۡلَمُوٓاْ أَنَّهُۥ مَن يُحَادِدِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَأَنَّ لَهُۥ
نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدٗا فِيهَاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡخِزۡيُ ٱلۡعَظِيمُ ٦٣ يَحۡذَرُ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ
أَن تُنَزَّلَ عَلَيۡهِمۡ سُورَةٞ تُنَبِّئُهُم بِمَا فِي قُلُوبِهِمۡۚ قُلِ ٱسۡتَهۡزِءُوٓاْ إِنَّ

ٱللَّهَ مُخۡرِجٞ مَّا تَحۡذَرُونَ ﴿٦٤﴾

*ئۇلارنىڭ (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ئارىسىدا پەيغەمبەرگە (سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق) ئەزىيەت يەتكۈزۈپ: «ئۇ (ئاڭلىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىۋېرىدىغان) قۇلاقتۇر» دەيدىغانلىرى بار. ئېيتقىنكى، «(دۇرۇس، ئۇ) سىلەر ئۈچۈن ياخشى (پايدىلىق بولغان) سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىشىنىدىغان قۇلاقتۇر①. ئۇ ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، مۇئمىنلەرگە (ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى بىلگەنلىكتىن) ئىشىنىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن رەھمەتتۇر». ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بار [61]. ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن (پەيغەمبەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان گەپنى قىلمىدۇق دەپ) ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئەگەر ئۇلار راستىنلا مۇئمىن بولىدىغان بولسا، رازى قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ھەقلىق ئىدى [62]. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ چوقۇم دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر [63]. مۇناپىقلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە نازىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى نىفاقنى) مۇئمىنلەرگە پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلىۋېرىڭلار، سىلەر (پاش بولۇشتىن) ئەنسىرەيدىغان نەرسىنى (يەنى مۇناپىقلىقنى) ئاللاھ چوقۇم ئاشكارا قىلىدۇ» [64].*

① بۇ ئايەتتە يەنە مۇناپىقلار ھەققىدە سۆز بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇلىقى يۇمشاق، يەنى كىم ئۇنىڭغا ھەرنېمە دېسە، ئۇنىڭغا ئىشىنىۋېرىدۇ دەپ ئۇنىڭغا تىل تەككۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەيۇچانلىقى، كەڭ قورساقلىقى، ئېسىل پەزىلىتى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماسقا سالغانلىقى ئۇلارنى ئالداپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ يەردە دېيىلىدىكى، ئۇنداق ئەمەس، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز يامانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى سۆزلەرگە قۇلاق سالمايدۇ، ئۇ سىلەرگە پايدىلىق ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىشىنىدۇ.

وَلَئِن سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُۚ قُلْ أَبِٱللَّهِ
وَءَايَٰتِهِۦ وَرَسُولِهِۦ كُنتُمْ تَسْتَهْزِءُونَ ٦٥ لَا تَعْتَذِرُوا۟ قَدْ كَفَرْتُم
بَعْدَ إِيمَٰنِكُمْۚ إِن نَّعْفُ عَن طَآئِفَةٍ مِّنكُمْ نُعَذِّبْ طَآئِفَةًۢ بِأَنَّهُمْ
كَانُوا۟ مُجْرِمِينَ ٦٦ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتُ بَعْضُهُم مِّنۢ بَعْضٍۚ
يَأْمُرُونَ بِٱلْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمَعْرُوفِ وَيَقْبِضُونَ أَيْدِيَهُمْۚ
نَسُوا۟ ٱللَّهَ فَنَسِيَهُمْۚ إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ٦٧

ئەگەر سەن ئۇلاردىن (نېمە ئۈچۈن مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: «بىز پەقەت چاقچاق قىلغان ۋە ئوينىشىپ قويغان ئىدۇق» دەيدۇ. (ئۇ مۇناپىقلارغا): «سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟» دېگىن① [65]. (ئى مۇناپىقلار!) سىلەر (يالغاندىن) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار②، سىلەردىن (سەممىي تەۋبە قىلغان) بىر گۇرۇھنى ئەپۇ قىلساقمۇ③، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقى) ئۈچۈن جازالايمىز④ [66]. مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ⑤، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ) ⑥. ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى (يەنى ئاللاھنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى ئاللاھ ئۇلارنى مەرھەمەتتىن مەھرۇم قىلدى)⑦. شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر [67].

① مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مازاق قىلىدۇ، مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ، ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە نالايىق سۆزلەرنى قىلىشتىن يانمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى مۇسۇلمانلارغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ، بۇ ھەقتە ئۇلاردىن سورالغاندا، ئۇلار ئىنكار قىلىپ: بىز پەقەت ئۆزئارا چاقچاق قىلىشقان ئىدۇق، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى،

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟﴾ ئەگەر ئاراڭلاردا چاقچاق قىلىپ دېگەن بولساڭلار، نېمىشقا ئاللاھنى، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە رەسۇلىنى مەسخىرە ئوبيېكتى قىلىۋالىسىلەر؟ بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبىرىگە قارىتا بولغان دۈشمەنلىك ۋە مۇناپىقلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

② يەنى سىلەر زاھىرەن ئىماننى ئىزھار قىلساڭلارمۇ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى مازاق قىلغانلىقىڭلار سەۋەبلىك ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى. سىلەرنىڭ ئىمانىڭلار باشتىلا نىپاق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى، شۇ ئىمان سەۋەبىدىن سىلەر كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلار بىلەن بىر قاتاردا سانىلاتتىڭلار، ئەمدى ئۇنداق سانىلىدىغان شارائىت قالمىدى.

③ بۇنىڭدا ئۆز خاتالىقىنى تونۇغان، تەۋبە قىلىپ، سەمىمىي مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ بۇلار تەۋبە قىلىش نېسىپ بولمىغان، مۇناپىقلىق بىلەن كۇفرىنى داۋاملاشتۇرغان كىشىلەردۇر. شۇڭا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ جازاغا لايىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ گۇناھكار بولغانلىقى ئىكەنلىكى بايان قىلىندى.

⑤ مۇناپىقلار قەسەم ئىچىپ، مۇسۇلمانلارغا «بىز سىلەردىنمىز» دەپ دەۋا قىلاتتى، بۇ يەردە ئۇلارغا رەددىيە بېرىلىپ دېيىلدىكى، ئۇلارنىڭ مۆئمىنلەر بىلەن قانداقمۇ مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ ئۇلار مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش مۇناپىقلاردۇر، يەنى كۇفرىلىق ۋە مۇناپىقلىقتا بىر-بىرىدىن بەتتەردۇر. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ دەل ئەكسىدۇر.

⑥ يەنى مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىدۇ؛ مۇناپىقنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ بېخىللىق قىلىدۇ، يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا ئۇنىمايدۇ.

⑦ يەنى ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارغا، گويا ئۇلارنى ئۇنتۇغاندەك، مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)﴾.

(سۈرە جاسىيە 34-ئايەت) دېمەك، ئۇلار دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تەرك ئەتكەندەك، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز پەزلى-مەرھەمىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ يەردە ئىستىلىستىكىلىق سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ئۇنتۇش دېگەن سۈپەت ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنغان، بولمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ئۇنتۇپ قىلىشتىن پاكتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلۡكُفَّارَ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ
فِيهَاۚ هِيَ حَسۡبُهُمۡۚ وَلَعَنَهُمُ ٱللَّهُۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّقِيمٞ ٦٨ كَٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِكُمۡ كَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنكُمۡ قُوَّةٗ وَأَكۡثَرَ أَمۡوَٰلٗا وَأَوۡلَٰدٗا فَٱسۡتَمۡتَعُواْ
بِخَلَٰقِهِمۡ فَٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِخَلَٰقِكُمۡ كَمَا ٱسۡتَمۡتَعَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُم
بِخَلَٰقِهِمۡ وَخُضۡتُمۡ كَٱلَّذِي خَاضُوٓاْۚ أُوْلَٰٓئِكَ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي
ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ٦٩

***ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللارغا ۋە (بارلىق) كاپىرلارغا دوزاخ ئوتىنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار (دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ (ئۇلارنى ئازابلاشقا) يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئازاب بار [68]. (ئى مۇناپىقلار ۋەكاپىرلار جامائەسى! قىلمىش ۋە ئاقىۋەت جەھەتتە) سىلەر ئۆزۈڭلەردىن ئىلگىرىكى (ھالاك بولغان قەۋم)لەرگە ئوخشايسىلەركى①، ئۇلار كۈچ - قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك ئىدى، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئۇلار (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ۋە دىن جەھەتتىكى) نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغان ئىدى. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ۋە دىن جەھەتتىكى) نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ نېسىۋەڭلاردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار②، ئۇلار باتىلغا چۆمگەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا چۆمدۇڭلار③، ئەنە شۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېتىبارسىزدۇر، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر④ [69].***

① يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئۈچىنچى شەخسكە خىتاب قىلىنغان ئىدى،

ئەمدى بۇ ئايەتتىن باشلاپ ئىككىنچى شەخس بولغان مۇناپىقلارغا خىتاب قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئى مۇناپىقلار! سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارمۇ ئەمەل ۋە نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

② ﴿خَلَاقِ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى دۇنيادىكى نېسىۋە دېمەكتۇر. يەنى سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلارغا دۇنيادا قانچىلىك نېسىۋە يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولدۇڭلار، خۇددى سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر ئۆز نېسىۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ئاندىن ئۆلۈم ياكى ئازابقا دۇچار بولغاندەك.

③ بۇنىڭ بىر مەنىسى، ئىلگىرىكىلەر ئالالاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، ئىنكار قىلغاندەك، سىلەرمۇ مەسخىرە قىلىپ، ئىنكار قىلدىڭلار. يەنە بىر مەنىسى، ئىلگىرىكىلەر دۇنيانىڭ لەززەتلىرى، مەنپەئەتلىرى ۋە ئويۇن-تاماشالىرىغا چۆمۈپ كەتكەندەك، سىلەرمۇ چۆمدۈڭلار.

ئايەتتىكى «بۇرۇن ئۆتكەنلەر» دېگەندە ئەھلى كىتاب، يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئالالاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزۈڭلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ يوللىرىغا ئەلۋەتتە غېرىچمۇ غېرىچ، گەزمۇ گەز ئەگىشىپ كېتىسىلەر، ھەتتا ئۇلار كېلەنىڭ كامىرىغا كىرىپ كەتسىمۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شۇ كامارغا كىرىپ كېتىسىلەر». ساھابىلار: «ئى ئالالاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار كىملەر، ئەھلى كىتابمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار بولماي كىم بولاتتى» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى **7320**-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم **2669**-ھەدىس)

④ ﴿أُولَـٰٓئِكَ﴾ «ئەنە شۇلار» دېگەن مەزكۇر خاراكتېر ۋە سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنى يەنى ئوخشىغۇچىلارنى ۋە ئوخشىتىلغۇچىلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچى بولغاندەك سىلەرمۇ زىيان تارتقۇچى بولىسىلەر. ھالبۇكى، ئۇلار سىلەردىن كۈچلۈك، بالىلىرى ۋە مال-مۈلكى سىلەرنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلار ئالالاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمىغان يەردە، سىلەر ئۇلاردىن ھەر جەھەتتە ئاجىز تۇرۇپ، ئالالاھنىڭ جازاسىدىن قانداقمۇ قېچىپ قۇتۇلالايسىلەر؟

أَلَمۡ يَأۡتِهِمۡ نَبَأُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ قَوۡمِ نُوحٖ وَعَادٖ وَثَمُودَ وَقَوۡمِ إِبۡرَٰهِيمَ وَأَصۡحَٰبِ مَدۡيَنَ وَٱلۡمُؤۡتَفِكَٰتِۚ أَتَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظۡلِمَهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ٧٠

***ئۇلارغا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ، نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ، ئىبراھىم قەۋمىنىڭ، مەديەن ئاھالىسىنىڭ، دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەن شەھەرلەرنىڭ (يەنى لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ) خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟① ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك بولدى)②. ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار (كاپىر بولۇش ۋە گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى③ [70].***

① بۇ ئايەتتە شام دىيارلىرىدا ياشىغان ئالتە قەۋمنىڭ ئاقىۋىتى تىلغا ئېلىنىدى. ئۇلار ئەرەب دىيارىغا يېقىن جايلاردا ياشىغانلار بولۇپ، مەككىدىكىلەر ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئۇلارنىڭ ھالاك بولغانلىقى ھەققىدە ئاز-تولا مەلۇمات ئاڭلىغان بولسا كېرەك. مەسىلەن: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى تۇپاندا غەرق قىلىندى. ئاد قەۋمى كۈچ-قۇۋۋەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇپمۇ، شىددەتلىك قارا بوران بىلەن ھالاك قىلىندى. سەمۇد قەۋمى ئاسماندىن كەلگەن قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ پادىشاھى نەمرۇد ئىبنى كەنئان ئىبنى كوشنى پاشا چېقىپ ھالاك قىلدى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى مەديەن ئاھالىسى قاتتىق ئاۋاز ۋە سايە كۈنىنىڭ ئازابى بىلەن ھالاك قىلىندى. دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەن شەھەرلەردە ياشايدىغانلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولۇپ، ئۇ شەھەرلەرنىڭ نامى «سەدۇم» ئىدى. باشتا ئۇلارغا ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇلدى، ئاندىن ئۇ شەھەرلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، زېمىنغا دۈم تاشلاندى، نەتىجىدە ئاستى ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇلار دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەن شەھەرلەر دەپ ئاتالدى.

② ئۇ قەۋملەرنىڭ ھەربىرىگە شۇ قەۋمنىڭ ئۆزىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. لېكىن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلدى ۋە كۇفرىدا چىڭ

تۇردى، نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولدى.

③ يەنى بۇ ئازاب ئۇلارغا ھەق دىننى ئىنكار قىلىش ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئىزچىل زۇلۇم قىلغانلىقتىن كەلدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىغا سەۋەبسىزلا دۇچار بولغىنى يوق.

وَٱلْمُؤْمِنُونَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍۚ يَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ
وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَيُطِيعُونَ
ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓۚ أُو۟لَٰٓئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ ٱللَّهُۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٧١﴾ وَعَدَ
ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ
خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةً فِى جَنَّٰتِ عَدْنٍۚ وَرِضْوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ
أَكْبَرُۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٧٢﴾

*مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر①، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ②، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ③، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [71]. ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دائىملىق قارارگاھى بولغان جەننەتلەردىكى ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە قىلدى④. ئاللاھنىڭ (ئۇلاردىن) رازى بولۇشى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ) ئەڭ كاتتىسىدۇر⑤، مانا بۇ چوڭ بەختتۇر (كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر) [72].*

① بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ناچار سۈپەتلىرىنىڭ قارشىسىدا مۇئمىنلەرنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بىرىنچى سۈپىتى شۇكى، مۇئمىنلەر ئۆزئارا بىر-بىرىگە غەمخور، دوست ۋە ياردەمچىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مۇئمىنلەر بىر-بىرىگە

ياردەم بېرىش جەھەتتە خۇددى بىر خىش يەنە بىر خىشنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان بىنانىڭ تاملىرىغا ئوخشايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 481-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2585-ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مىسالنى قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە گىرەلەشتۇرۇپ تۇرۇپ كۆرسەتتى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېدى: «مۇئمىنلەر بىر-بىرىنى دوست تۇتۇشتا، بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەت قىلىشتا، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشتە خۇددى بىر تەننىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ تەننىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا، قالغان ئەزالىرىمۇ شۇ ئاغرىقنىڭ تەسىرىدە قىززىيدۇ ۋە ئۇيقۇسىرايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 6011-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2586-ھەدىس)

② بۇ مۇئمىنلەرنىڭ يەنە بىر خاس سۈپىتىدۇر. ﴿ٱلۡمَعۡرُوفِ﴾ «ياخشىلىق» دېگەن شەرىئەت ياخشى ئىش، توغرا ھەرىكەت دەپ كۆرسەتكەن ئەمەلدۇر. ﴿ٱلۡمُنكَرِ﴾ «يامانلىق» دېگەنمۇ شەرىئەت يامان ئىش، ناتوغرا ھەرىكەت دەپ كۆرسەتكەن قىلمىشتۇر. كىشىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئىشنى ياخشىلىق ياكى يامانلىق دەپ بەلگىلىۋالغىنى ئەمەس.

③ ناماز ئاللاھنىڭ ھەقلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ھەقتۇر. زاكات بەندىلەرنىڭ ھەقلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا ھەر ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم تىلغا ئېلىنىپ دېيىلدىكى، مۇئمىنلەر ھەر قانداق ئىشتا ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدۇ.

④ جەننەتنىڭ سارايلىرى مەرۋايىت بىلەن ياقۇتتىن ياسالغاندۇر. ﴿عَدۡنٍ﴾ دېگەن سۆزنىڭ بىر قانچە مەنىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى مۇقىم تۇرىدىغان، يەنى مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جەننەت دېمەكتۇر.

⑤ ھەدىستە جەننەتتىكى نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. «ئاللاھ تائالا: مەن سىلەرگە رازىلىقىمنى چۈشۈرىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ھەرگىز غەزەپلەنمەيمەن، دەيدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 6549-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2829-ھەدىس)

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ جَٰهِدِ ٱلۡكُفَّارَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱغۡلُظۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَمَأۡوَىٰهُمۡ
جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ٧٣ يَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ مَا قَالُواْ وَلَقَدۡ قَالُواْ

كَلِمَةَ ٱلۡكُفۡرِ وَكَفَرُواْ بَعۡدَ إِسۡلَٰمِهِمۡ وَهَمُّواْ بِمَا لَمۡ يَنَالُواْۚ وَمَا
نَقَمُوٓاْ إِلَّآ أَنۡ أَغۡنَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ مِن فَضۡلِهِۦۚ فَإِن يَتُوبُواْ يَكُ
خَيۡرٗا لَّهُمۡۖ وَإِن يَتَوَلَّوۡاْ يُعَذِّبۡهُمُ ٱللَّهُ عَذَابًا أَلِيمٗا فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۚ
وَمَا لَهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿٧٤﴾

***ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا (قارشى غازات قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش بىلەن) قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن①، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر②، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [73] ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار پەيغەمبەرگە قارشى ھېچنېمە) دېمىگەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزنى ئېيتتى③، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن كاپىر بولدى؛ ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەست قىلىشتىن ئىبارەت) ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشنى قىلىشقا ئورۇندى④. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار (تۇزكورلۇق قىلىپ، پەيغەمبەرنى) يامان كۆردى⑤، ئەگەر ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن داۋاملىق) يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ، يەر يۈزىدە ئۇلارغا (ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) بىرەر دوست ۋە بىرەر مەدەتكار تېپىلمايدۇ [74].***

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا ۋە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بۇ بۇيرۇق ئۇنىڭ ئۈممىتىگە چۈشىدۇ. كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش بىلەن بىرگە مۇناپىقلارغىمۇ قارشى جىھاد قىلىشقا قارىتا ئۆلىمالار ئارىسىدا ھەر خىل قاراش بار: بىرىنچى قاراش، ئەگەر مۇناپىقلارنىڭ خىيانەتلىرى ۋە سۇيىقەست-پىلانلىرى ئېنىقلانسا، ئۇلارغا قارشى كاپىرلارغا جىھاد قىلغاندەك جىھاد قىلىش لازىم. ئىككىنچى قاراش، مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد تىل ئارقىلىق، ۋەز-نەسىھەت بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىرىگە خىلاپ بولغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلسا، ئۇلارنى

شەرىئەت بويىچە جازالاش كېرەك. ئۈچىنچى قاراش، بۇ يەردىكى جىھاد قىلىش بۇيرۇقى كاپىرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ قاتتىق مۇئامىلە قىلىش بۇيرۇقى مۇناپىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش ۋە مۇناپىقلارغا قاتتىق قول بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا ھېچ زىتلىق يوق. چۈنكى ئوخشىمىغان ئەھۋال ۋە شارائىتلارغا ئاساسەن يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ قايسىبىرىگە ئەمەل قىلىش جايىزدۇر.

﴿اغْلُظْ﴾ دېگەن «غِلْظَةٌ»دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، يۇمشاق، مۆلايىم بولۇش دېگەن مەنىدىكى «رَأْفَةٌ»نىڭ ئەكسىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن ﴿اغْلُظْ﴾نىڭ مەنىسى، دۈشمەنلەرگە قارشى قوپال ۋە قاتتىق بولۇش دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن نوقۇل تىلنىڭ قوپاللىقى مەقسەت قىلىنمىغان. چۈنكى قوپاللىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىگە زىتتۇر. مۆلايىملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئىتىدە ئەزەلدىن بار خاراكتېر بولغاچقا، ئاللاھ تائالا ئەمر قىلمىسىمۇ ھەممىگە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. مەقسەت مۇناپىقلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن دېمەكتۇر.

② كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىش ۋە ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىش بۇيرۇقى مۇشۇ دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاخىرەتتە ئۇلارغا جەھەننەمدىن ئىبارەت ئەڭ يامان جاي تەييارلانغان.

③ مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە بىر قانچە ۋەقەلەرنى نەقىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق كەلگەن: مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نالايىق سۆزلەرنى قىلغان، ئۇنى مۇسۇلمانلاردىن بىر قانچە كىشى ئاڭلاپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مۇناپىقلاردىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، ئۇلار تېنىۋېلىپ، بىز بۇنداق سۆزلەرنى قىلمىدۇق دەپ قەسەم قىلغان، شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت چۈشكەن. بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نالايىق سۆزلەرنى قىلىش كۇفرىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نالايىق سۆزلەرنى قىلغان ئادەم ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ.

④ بۇ ھەقتىمۇ بىر نەچچە ۋەقەلەر نەقىل قىلىنغان. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن قايتىۋاتقان چاغدا، بىر گۇرۇھ

مۇناپىقلار ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. لېكىن مۇۋەپپەق بولالمىغان. ئۇلار 10 نەچچە ئادەم بولۇپ، بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەشكەرلەردىن ئۈزاقلاپ كەتكەن پەيتتە، بىر ھۇجۇم بىلەن ئۇنى يوقاتماقچى بولۇشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى ۋەھيى ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ئامان قالدى.

⑤ مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مەدىنە چوڭ بىر مەركىزىي شەھەرگە ئايلاندى، شۇ ۋەجىدىن ھۈنەر-كەسىپ ۋە سودا-تىجارەتمۇ راۋاج بولدى. نەتىجىدە مەدىنىلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەتتى. مەدىنە مۇناپىقلىرىمۇ خېلى ئوبدان پايدىغا ئېرىشتى. شۇڭا بۇ ئايەتتە دېيىلدىكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن باي قىلغانلىقىغا ئۇلار نارازى بولامدۇ؟ يەنى بۇ نارازى بولىدىغان ۋە غەزەپلىنىدىغان ئىش ئەمەس. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، باياشاتلىققا ئېرىشتۈرگەن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىشى لازىم.

ئەسكەرتىش: بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇنىڭ رەسۇلى بىرلىكتە تىلغا ئېلىندى. چۈنكى ئۇلار ئېرىشكەن بايلىق ۋە باياشاتلىقنىڭ زاھىرىي سەۋەبچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئەمما ھەقىقەتتە باي قىلغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالا ئىدى. شۇڭا بۇ ئايەتتە ﴿مِنۡ فَضۡلِهِۦ﴾ «ئۆز پەزلىدىن»دىكى ئالماش بىرلىك شەكلىدە كېلىپ، ئاللاھ تائالانى كۆرسەتتى. يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن باي قىلدى.

۞ وَمِنۡهُم مَّنۡ عَٰهَدَ ٱللَّهَ لَئِنۡ ءَاتَىٰنَا مِن فَضۡلِهِۦ لَنَصَّدَّقَنَّ
وَلَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُم مِّن فَضۡلِهِۦ بَخِلُواْ بِهِۦ
وَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٧٦﴾ فَأَعۡقَبَهُمۡ نِفَاقٗا فِي قُلُوبِهِمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ
يَلۡقَوۡنَهُۥ بِمَآ أَخۡلَفُواْ ٱللَّهَ مَا وَعَدُوهُ وَبِمَا كَانُواْ يَكۡذِبُونَ ﴿٧٧﴾ أَلَمۡ
يَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ سِرَّهُمۡ وَنَجۡوَىٰهُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ عَلَّٰمُ ٱلۡغُيُوبِ ﴿٧٨﴾

*يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىلەر: «ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن (بايلىق) ئاتا قىلسا (يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا)، بىز ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق» دەپ ئاللاھقا ۋەدە بەردى [75]. ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن (بايلىق) ئاتا قىلغان چاغدا، ئۇلار بېخىللىق قىلىشتى، (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈپ، (ۋەدىلىرىدىن) يېنىۋالدى① [76]. ئۇلار (سەدىقە قىلىمىز، ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، (ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ) يالغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىغان (قىيامەت) كۈنىگە قەدەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇناپىقلىقنىڭ داۋاملىق تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ (قىلمىشىنىڭ) جازاسى قىلدى [77]. ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، (ئۆزئارا قىلىشقان) يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، غەيبلەرنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟② [78]*

① بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەت سەئلەبە ئىبنى ھاتەب ئەنسارى دېگەن ساھابە ھەققىدە چۈشكەن دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇ قاراش ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار نۇقتىسىدىن توغرا ئەمەس. توغرىسى شۇكى، بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر يامان سۈپىتى بايان قىلىندى.

② بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالاغا ۋەدە بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىغان مۇناپىقلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار. بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ دىللىرىدىكى مەخپىيەتلىكنى ۋە سىرلارنى ئاللاھ تائالا بىلمەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇ غەيبلەرنى بىلگۈچىدۇر، بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەردىن خەۋەرداردۇر.

ٱلَّذِينَ يَلۡمِزُونَ ٱلۡمُطَّوِّعِينَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ فِي ٱلصَّدَقَٰتِ وَٱلَّذِينَ لَا
يَجِدُونَ إِلَّا جُهۡدَهُمۡ فَيَسۡخَرُونَ مِنۡهُمۡ سَخِرَ ٱللَّهُ مِنۡهُمۡ وَلَهُمۡ
عَذَابٌ أَلِيمٌ ٧٩ ٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ أَوۡ لَا تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ إِن تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ
سَبۡعِينَ مَرَّةٗ فَلَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ

وَرَسُولِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٨٠﴾

***ئۇلار (مۇناپىقلار) مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى مەردلىك بىلەن ئۆزى خالاپ (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز بولسىمۇ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ①، ئاللاھ ئۇلارغا مەسخىرە قىلغانلىقنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ②، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار [79]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ③. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى④، ئاللاھ (مۇنداق) پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ⑤ [80].***

① ﴿ٱلۡمُطَّوِّعِينَ﴾نىڭ مەنىسى پەرز بولغان سەدىقىدىن يەنى زاكاتتىن باشقا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاللاھ يولىغا پۇل-مال خەجلىگۈچىلەر دېمەكتۇر. ﴿جُهۡدَ﴾نىڭ مەنىسى تىرىشماق، ئەمگەك قىلماق، يەنى ئۆزى باي بولمىسىمۇ، ئەمگەك قىلىپ، مۇشەققەتتە تاپقان ئازغىنە مال-دۇنياسىنى ئاللاھ يولىدا خەجلەيدىغانلار دېمەكتۇر. بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ناھايىتى قەبىھ بىر قىلمىشى بايان قىلىنىۋاتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا چىقىش ئالدىدا ۋە باشقا ئىقتىسادىي ياردەم زۆرۈر بولغان ئەھۋالدا مۇسۇلمانلاردىن ئىئانە قىلىشنى ئىلتىماس قىلاتتى، مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلتىماسىغا ئاۋاز قوشۇپ، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئىئانە قىلاتتى، مال-مۈلۈكى كۆپ كىشىلەر جىقراق، قول ئىلكىدە ئاز كىشىلەر ئازراق بېرەتتى. ئەمما مۇناپىقلار ھەر ئىككى خىل كىشىلەرنى ئەيىبلەپ تەنە قىلاتتى، كۆپ بەرگۈچىلەرنى رىياكارلىق قىلىپ بەردى دېيىسە، ئاز بەرگۈچىلەرگە: سېنىڭ بۇنچىلىك ياردىمىڭ نېمىگە يارايدۇ؟ ئاللاھ تائالا سېنىڭ بۇ سەدىقەڭدىن بىھاجەت دەيتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 4668-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1018-ھەدىس) مۇناپىقلار مۇشۇ تەرىقىدە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىپ، ئەيىبلەيتتى.

② يەنى مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقنىڭ جازاسىنى ئۇلارغا شۇنداق بېرىدۇكى، ئۇلارنى خار ۋە رەسۋا قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئۇسلۇبمۇ

ئىستىلىستىكا قائىدىسى بويىچە سىپىلشتۇرۇش ئۇسلۇبى ياكى بىر خىل بەددۇئا بولۇپ، ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلغاندەك مەسخىرىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ «70» دېگەن سان بۇ يەردە كۆپلۈكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى ئۇلار ئۈچۈن ھەر قانچە كۆپ مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ. دېمەك بۇ ئىبارە يەتمىش قېتىمدىن ئارتۇق مەغپىرەت تەلەپ قىلىنسا، مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ.

④ كىشىلەر ھېچكىمنىڭ شاپائىتىگە ئۈمىد باغلىماستىن، پەقەت ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەلى بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ھازىر بولسۇن دەپ، بۇ ئايەتتە مەغپىرەت قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى بايان قىلىندى. كىمدە ئاخىرەت سەپىرىنىڭ ئوزۇقى (ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل) بولمىسا، ئۇنداق كاپىرلار ۋە ئىتائەتسىزلەرنى ھېچكىم شاپائەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنداق كىشىلەرنى شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ.

⑤ بۇ يەردىكى «ھىدايەت» دېگەندىن ئىنساننى مەقسىتىگە (يەنى ئىمانغا) يەتكۈزىدىغان ھىدايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بولمىسا ھىدايەت دېگەن يېتەكلەش، توغرا يول تۇتۇش، توغرا يۆنىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ توغرا يۆنىلىش دۇنيادا ھەربىر مۇئمىن ۋە كاپىرغا كۆرسىتىلگەن. ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى - يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۇئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾. (سۈرە دەھر 3-ئايەت) ﴿ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾. (سۈرە بەلەد 10-ئايەت)

فَرِحَ ٱلۡمُخَلَّفُونَ بِمَقۡعَدِهِمۡ خِلَٰفَ رَسُولِ ٱللَّهِ وَكَرِهُوٓاْ أَن يُجَٰهِدُواْ
بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَالُواْ لَا تَنفِرُواْ فِي ٱلۡحَرِّۗ قُلۡ نَارُ
جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرّٗاۚ لَّوۡ كَانُواْ يَفۡقَهُونَ ٨١ فَلۡيَضۡحَكُواْ قَلِيلٗا وَلۡيَبۡكُواْ
كَثِيرٗا جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ٨٢ فَإِن رَّجَعَكَ ٱللَّهُ إِلَىٰ طَآئِفَةٖ
مِّنۡهُمۡ فَٱسۡتَـٔۡذَنُوكَ لِلۡخُرُوجِ فَقُل لَّن تَخۡرُجُواْ مَعِيَ أَبَدٗا وَلَن

تُقَٰتِلُواْ مَعِيَ عَدُوًّاۖ إِنَّكُمۡ رَضِيتُم بِٱلۡقُعُودِ أَوَّلَ مَرَّةٖ فَٱقۡعُدُواْ مَعَ ٱلۡخَٰلِفِينَ ﴿٨٣﴾

*ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقى بىلەن خۇشال بولۇشتى①، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى. ئۇلار (بىر ـ بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر②». ئەگەر ئۇلار (بۇنى) چۈشەنگەن بولسا ئىدى (ئىسسىقتا جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالمىغان بولاتتى) [81]. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن③ [82]. ئەگەر ئاللاھ سېنى (تەبۇك غازىتىدىن) قايتۇرۇپ (ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمى بىلەن ئۇچراشتۇرسا④، ئۇلار (بۇنىڭدىن كېيىنكى غازاتلارغا) چىقىش ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سورىسا⑤، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۇ (غازاتقا) چىقماڭلار، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە (چىقىپ) دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلماڭلار! چۈنكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (غازاتقا چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بەخىرامان) ئولتۇرۇشقا رازى بولغان ئىدىڭلار، ئەمدى (غازاتقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك باللار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار⑥» [83].*

① بۇ ئايەتتە يالغان ئۆزرە ئېيتىپ رۇخسەت سوراپ، تەبۇك غازىتىغا قاتناشمىغان مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدى. ﴿خِلَٰفَ﴾نىڭ مەنىسى كەينىدە قالماق ياكى خىلاپلىق قىلماق دېمەكتۇر. يەنى ئۇ مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا ماڭغاندا ئۇنىڭ كەينىدە قالدى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىلاپلىق قىلىپ، مەدىنىدە ئولتۇرىۋالدى.

② ئەگەر ئۇلار دۇنيا ئوتىنىڭ ھارارىتىنىڭ جەھەننەم ئوتىنىڭ ھارارىتىگە قارىغاندا ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ قېلىپ قالمىغان بولاتتى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەۋلادى دۇنيادا ياندۇرىۋاتقان ئوت جەھەننەم

ئۆتنىنىڭ يەتمىش ھەسسىسىدىن بىر ھەسسىدۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى 3256 ـ ھەدىس) يەنى جەھەننەمنىڭ ئوتى دۇنيانىڭ ئوتىدىن 69 ھەسسە ئارتۇقتۇر.

③ ﴿قَلِيلًا﴾ ۋە ﴿كَثِيرًا﴾ بۇ ئىككى سۆزنىڭ قوش زەۋەرلىك كېلىشى بەلكىم سۆز تومۇرى بولغانلىقى ئۈچۈن " ضِحْكًا قَلِيلًا و بُكَاءً كَثِيرًا "(يەنى ئۇلار ئاز كۈلۈشى ۋە كۆپ يىغلىشى كېرەك) ياكى ئورۇنپەيت كېلىش بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. " زَمَانًا قَلِيلًا و زَمَانًا كَثِيرًا " (يەنى ئاز ۋاقىت كۈلۈشى، كۆپ ۋاقىت يىغلىشى كېرەك). بۇ يەردىكى ئىككى بۇيرۇق جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن. يەنى ئۇلار قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ئاز كۈلسۇن ۋە كۆپ يىغلىسۇن، دېمەكتۇر.

④ يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالا سېنى تەبۇكتىن سالامەت قايتۇرۇپ، مەدىنىدە ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان بىر تۈركۈم مۇناپىقلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا.

⑤ يەنى ئۇلار قايسىبىر كەلگۈسى غازاتقا بىللە چىقىش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلسا.

⑥ كەلگۈسىدە غازاتقا بىللە ئېلىپ چىقماسلىقنىڭ سەۋەبى شۇكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا بىللە چىقمىغان، شۇ ۋەجىدىن ئەمدى سىلەر ھەرقانداق بىر غازاتقا بىللە چىقىشقا لايىق ئەمەس.

⑦ ئەمدى سىلەر ئۇرۇشقا قاتناشماي ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئاياللار، باللار، ياشانغانلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ شەكىلدە بۇيرۇق قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئۇرۇشقا چىقمىغانلىق سەۋەبىدىن ئۇلاردا پەيدا بولغان غەم ۋە پۇشايماننى تېخىمۇ زىيادە قىلىش ئۈچۈندۇر (ئەگەر پۇشايمان قىلغان بولسا).

وَلَا تُصَلِّ عَلَىٰٓ أَحَدٍ مِّنْهُم مَّاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَىٰ قَبْرِهِۦٓ ۖ إِنَّهُمْ كَفَرُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَمَاتُوا۟ وَهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٨٤﴾ وَلَا تُعْجِبْكَ أَمْوَٰلُهُمْ وَأَوْلَٰدُهُمْ ۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُعَذِّبَهُم بِهَا فِى ٱلدُّنْيَا وَتَزْهَقَ أَنفُسُهُمْ وَهُمْ كَٰفِرُونَ ﴿٨٥﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى ھەرگىز چۈشۈرمىگىن، (دەپنە، زىيارەت ياكى دۇئا قىلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن①، چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى ۋە پاسىق پېتى ئۆلدى (يەنى ئۆلگۈچە ئىتائەتسىزلىك قىلدى) [84]. ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرى ۋە پەرزەنتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن. ئاللاھ دۇنيادا پەقەت شۇلار (يەنى پۇل ـ مال ۋە پەرزەنتلەر) ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ② [85].*

① بۇ ئايەت گەرچە مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ھەققىدە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھۆكمى ئومۇمىي بولۇپ، مۇناپىقلىق ۋە كۇفرىلىق بىلەن ئۆلگەن ھەر قانداق ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە ئىمام بۇخارى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ (ئوغلىنىڭ ئىسمى ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئىدى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، باشتا ئۇنىڭدىن (بەرىكەت تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن) كۆڭلىكىنى بېرىشنى، بۇ كۆڭلەك بىلەن ئاتىسىنى كېپەنلەيدىغانلىقىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كۆڭلىكىنى بەردى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاتىسىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇشقا ماڭدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىدىن تارتىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇمسەن؟ پەرۋەردىگارىڭ سېنى ئۇنداق كىشىلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇشتىن ۋە ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن توسقانغۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا مېنى توسمىدى، بەلكى ماڭا تاللاش ئىختىيارى بېرىپ ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ﴾ دېگەن، مەن 70 قېتىمدىن ئارتۇق مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى

نازىل قىلىپ، كەلگۈسىدە مۇناپىقلار ھەققىدە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشنى ئۈزۈل-كېسىل چەكلىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4670-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2774-ھەدىس)

② مانا بۇ ئۇلارنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇماسلىق ۋە ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلماسلىقنىڭ سەۋەبىدۇر. دېمەك، كۇفرى ۋە مۇناپىقلىق ئۈستىدە ئۆلگەنلەرنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇش جايىز بولمىغاندەك، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشمۇ جايىز ئەمەستۇر. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىستانلىققا يېتىپ بارغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دەپنە قىلىنىپ بولغان ئىدى، ئۇنى قەبرىسىدىن چىقىرىپ، دەم سالدى (سۈپكۈچلىدى) ۋە ئۇنىڭغا كۆڭلىكىنى كەيدۈردى». (سەھىھۇل بۇخارى 1270-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2773-ھەدىس) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئىماندىن مەھرۇم قالغان ئادەمنى دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا شەخس دۇئا قىلىپ تىلىۋالسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ.

وَإِذَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٌ أَنۡ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَجَٰهِدُواْ مَعَ رَسُولِهِ ٱسۡتَـٔۡذَنَكَ
أُوْلُواْ ٱلطَّوۡلِ مِنۡهُمۡ وَقَالُواْ ذَرۡنَا نَكُن مَّعَ ٱلۡقَٰعِدِينَ ﴿٨٦﴾ رَضُواْ بِأَن
يَكُونُواْ مَعَ ٱلۡخَوَالِفِ وَطُبِعَ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَفۡقَهُونَ ﴿٨٧﴾ لَٰكِنِ
ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ جَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ
لَهُمُ ٱلۡخَيۡرَٰتُۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿٨٨﴾ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمۡ جَنَّٰتٖ
تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٨٩﴾

*قاچانكى، بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بايلار سەندىن (غازاتتىن قېلىپ قېلىشقا) رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار: «بىزنى قوي، (غازاتقا چىقماي، ئۆيلىرىدە) ئولتۇرغۇچىلار بىلەن بىللە بولايلى» دەيدۇ① [86]. ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، ئاجىزلار ۋە بىمارلار) بىلەن بىللە قېلىشقا رازى بولدى، (بۇ سەۋەبتىن) ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى②. شۇڭا ئۇلار (جىھادنىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان*

***بەخت ـ سائادەتنى) چۈشەنمەيدۇ [87]. ئەمما پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار پۇل ـ ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى، ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيادا) ياخشىلىقلارغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر③ [88]. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ ئۇتۇقتۇر [89].***

① بۇ ئايەت باھانە كۆرسىتىپ، غازاتقا چىقماي مەدىنىدە قېلىشنى تالىلىغان مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ. ﴿أُولُوا الطَّوْلِ﴾ دېگەندە يۈز-ئابرۇيلۇق پۇلدار تەبىقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ تەبىقە غازاتتىن قالماسلىقى لازىم ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىلكىدە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ھەممە نەرسە بار ئىدى. ﴿الْقٰعِدِيْنَ﴾ دېگەندە قول ئىلكىدە بولمىغانلىق سەۋەبىدىن ئامالسىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، تۆۋەندىكى ئايەتتە ئۇ پۇلدار تەبىقىنىڭ ﴿الْخَوَالِفِ﴾ جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە قالغۇچى ئاياللار بىلەن بىللە قېلىشقا رازى بولغانلىقى بايان قىلىنىدى. ﴿الْخَوَالِفِ﴾ دېگەن سۆز «خَالِفَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «ئۆيدە قالغۇچى ئاياللار» دېگەن مەنىدە.

② ئىلگىرى بايان قىلىنغانىدەك، دىللارغا مۆھۈر بېسىلىش، گۇناھنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسان چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

③ ئۇ مۇناپىقلارنىڭ ئەكسىچە مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-ماللىرى ۋە جانلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاللاھنىڭ ئەمرى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ﴿ئەنە شۇلار ياخشىلىقلارغا نائىل بولىدۇ﴾نىڭ مەنىسى ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرى ۋە جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئەنە شۇ مۇئمىنلەر ئۈچۈندۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: دىن ۋە دۇنيانىڭ پايدىلىرى ئەنە شۇلار ئۈچۈندۇر، شۇنداق كىشىلەرلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچى ۋە مەقسەتلىرىگە يەتكۈچىلەردۇر.

وَجَآءَ ٱلۡمُعَذِّرُونَ مِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ لِيُؤۡذَنَ لَهُمۡ وَقَعَدَ ٱلَّذِينَ كَذَبُواْ

ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ سَيُصِيبُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٩٠﴾
لَّيْسَ عَلَى ٱلضُّعَفَآءِ وَلَا عَلَى ٱلْمَرْضَىٰ وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ مَا
يُنفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا نَصَحُواْ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦۚ مَا عَلَى ٱلْمُحْسِنِينَ مِن
سَبِيلٍۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٩١﴾

***ئەئرابلاردىن ئۆزرە ئېيتقۇچىلار (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سوراپ كەلدى. (ئىمانىي دەۋا قىلىپ) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغان سۆزلىگەنلەر (ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ قالدى (يەنى ئەئرابلاردىن يەنە بىر تۈركۈمى جىھادقىمۇ چىقمىدى، ئۆزرە ئېيتىپمۇ كەلمىدى). ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ① [90]. ئاجىزلار (يەنى ياشانغان بوۋايلار)، بىمارلار، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، (جىھادقا چىقمىغانلىقى سەۋەبلىك) ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. سەممىي بولغانلارنى ئەيىبلەشكە يول يوق②، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [91].***

① بۇ «ئۆزرە ئېيتقۇچىلار» ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇلار شەھەردىن يىراقتا ياشايدىغان ئەئرابلار بولۇپ، ئۇلار يالغان ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ، جىھادقا چىقماسلىققا رۇخسەت ئالدى. ئىككىنچى بىر تۈركۈمدىكى ئەئرابلار جىھادقىمۇ چىقمىدى، ئۆزرە بايان قىلىپمۇ كەلمىدى. شۇنىڭدەك بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ئىككى گۇرۇھى تىلغا ئېلىنىدى، قاتتىق ئازاب ھەر ئىككى گۇرۇھقا ۋەدە قىلىنىدى. «ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەنگە يالغان ئۆزرە بايان قىلغانلار ۋە جىھادقا چىقماي ئولتۇرىۋالغانلارمۇ كىرىدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، «ئۆزرە بايان قىلغۇچىلار» دېگەندە راست ئۆزرىلىرى بار بولغانلىقتىن رۇخسەت سورىغان شەھەر سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، ﴿ٱلْمُعَذِّرُونَ﴾نىڭ ئەسلىسى «مُعْتَذِرُوْنَ» بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ھەقىقىي ئۆزرە ئېيتقۇچىلار دېمەكتۇر. بۇ دەلىلگە ئاساسەن بۇ ئايەتتىكى بىرىنچى جۈملە مۇناپىقلار ھەققىدە كەلگەن، مەزكۇر ئايەتتە ئىككى گۇرۇھ

تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بىرىنچى جۈملىدە راست ئۆزرىلىك مۇسۇلمانلار، ئىككىنچى جۈملىدە ئۆزرىمۇ بايان قىلماستىن ئولتۇرۇۋالغان مۇناپىقلار كەلگەن. ئەمما ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەدە قىلىنغان ئازاب ئىككىنچى گۇرۇھ بولغان مۇناپىقلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

② بۇ ئايەتتە ئۆزرىسى راست ۋە ئېنىق بولغان كىشىلەر تىلغا ئېلىندى، مەسىلەن، 1-ئاجىزلار، يەنى ياشىنىپ قالغان كىشىلەر، بۇلارنىڭ قاتارىغا قارىغۇ، توكۇر ۋە مېيىپ كىشىلەرمۇ كىرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇلارنى بىمارلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. 2-بىمارلار، يەنى كېسەللىك سەۋەبىدىن چىقالمىغانلار. 3-جىھادقا چىقىشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قادىر بولالمىغان كىشىلەر، ئەينى ۋاقىتتا بەيتۇلمالدىمۇ (يەنى دۆلەت خەزىنىسىدىمۇ) ئۇلارنىڭ خىراجەتلىرىنى كۆتۈرگىدەك پۇل يوق ئىدى.

﴿ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا﴾ دېگەن جىھاد قىلىش ئارزۇسى دىللىرىدا يالقۇنجاپ تۇرسا، مۇجاھىدلارنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرسە، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن بولسا، قولىدىن كېلىشىچە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلسا، ئەنە شۇنداق ياخشى ئىش قىلغۇچىلار جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە ئولتۇرسىمۇ، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ إِذَا مَآ أَتَوْكَ لِتَحْمِلَهُمْ قُلْتَ لَآ أَجِدُ مَآ أَحْمِلُكُمْ
عَلَيْهِ تَوَلَّوا۟ وَّأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمْعِ حَزَنًا أَلَّا يَجِدُوا۟ مَا
يُنفِقُونَ ﴿٩٢﴾ ۞ إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى ٱلَّذِينَ يَسْتَـْٔذِنُونَكَ وَهُمْ أَغْنِيَآءُ ۚ رَضُوا۟
بِأَن يَكُونُوا۟ مَعَ ٱلْخَوَالِفِ وَطَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٩٣﴾

***يەنە (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) ئۇلاغ سوراپ كەلگەن بولسىمۇ، (سەن ئۇلارغا) «مەن سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغ تاپالمايمەن» دېگەندە، (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشقان كىشىلەرنىمۇ (ئەيىبلەشكە يول يوق)① [92]. ئۆزلىرى باي تۇرۇپ، سەندىن (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سورايدىغانلارنىلا***

***ئەيىبلەشكە يول بار. (چۈنكى) ئۇلار (ئاياللار، بىمارلار ۋە ئاجىزلاردىن ئىبارەت) ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار بىلەن بىللە قېلىشقا رازى بولدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، (شۇڭا) ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) بىلمەيدۇ② [93].***

① بۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىھادقا مېنىپ چىقىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئات-ئۇلاغلىرىمۇ يوق ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارغا ئات-ئۇلاغ تېپىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى دەپ ئۆزرە ئېيتقاندا، بۇ گەپ ئۇلارغا قاتتىق ئېغىر كەلگەن ۋە ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياشلار ئېقىپ چۈشكەن ئىدى. (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بۇ سەممىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزرىسى ھەر جەھەتتىن ئورۇنلۇق ئىدى. ئاللاھ تائالا ئاشكارا ۋە مەخپىي ھەر قانداق نەرسىدىن خەۋەردار زات بولغاچقا، ئۇلارنى جىھادقا قاتنىشىشتىن مۇستەسنا قىلدى ۋە ئۇلارنى جىھادقا قاتناشقانلارنىڭ ساۋابىغا شېرىك قىلدى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئۆزرىلىك كىشىلەر ھەققىدە جىھادقا قاتناشقانلارغا مۇنداق دېدى: «شەك - شۈبھىسىزكى، مەدىنىدە بىر گۇرۇھ ئادەملەر قېلىپ قالدى. سىلەر مەيلى قايسىبىر جىلغىنى كېسىپ ئۆتۈڭلار، مەيلى قايسىبىر يولدا مېڭىڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن بىللىدۇر ۋە ئەجىر-ساۋابتا سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر.» ساھابىلار: «ئۇلار مەدىنىدە قالغان تۇرسا؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن جىھادقا چىقالمىدى» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 2839-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1911-ھەدىس)

② بۇ 86-، 87-ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان مۇناپىقلار بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلار سەممىي مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىسىدا سېلىشتۇرۇلۇپ، قايتا تىلغا ئېلىندى. چۈنكى شەيئىلەر زىتى بىلەن تونۇلىدۇ. ﴿الْخَوَالِفِ﴾ بولسا «خَالِفَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۆيدە قالىدىغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قاتارىغا باللار، ئۆزرىلىك كىشىلەر، بىمارلار ۋە ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئۇرۇشقا قاتنىشالمايدىغانلارمۇ كىرىدۇ.

﴿لَا يَعْلَمُونَ﴾ «ئۇلار بىلمەيدۇ» يەنى ئۇلار كەينىدە قېلىشنىڭ نەقەدەر چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىلگەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە غازاتقا چىققان بولاتتى.

يَعۡتَذِرُونَ إِلَيۡكُمۡ إِذَا رَجَعۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡۚ قُل لَّا تَعۡتَذِرُواْ لَن نُّؤۡمِنَ
لَكُمۡ قَدۡ نَبَّأَنَا ٱللَّهُ مِنۡ أَخۡبَارِكُمۡۚ وَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمۡ وَرَسُولُهُۥ
ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ﴿٩٤﴾ سَيَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ لَكُمۡ إِذَا ٱنقَلَبۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡ لِتُعۡرِضُواْ
عَنۡهُمۡۖ فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ إِنَّهُمۡ رِجۡسٞۖ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُ جَزَآءَۢ بِمَا
كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٩٥﴾ يَحۡلِفُونَ لَكُمۡ لِتَرۡضَوۡاْ عَنۡهُمۡۖ فَإِن تَرۡضَوۡاْ
عَنۡهُمۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يَرۡضَىٰ عَنِ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٩٦﴾

***(ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر) ئۇلارنىڭ يېنىغا (يەنى مەدىنىگە تەبۇك غازىتىدىن) قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار سىلەرگە (غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقلىرى توغرىسىدا) ئۆزرە ئېيتىدۇ، ئۇلارغا: «سىلەر بىكارغا ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى (ۋە دىلىڭلاردىكى مۇناپىقلىقنى) بىزگە خەۋەر قىلدى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ (بۇنىڭدىن كېيىنكى) ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ (مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلامسىلەر؟ ياكى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرامسىلەر؟)، ئاندىن كېيىن (يەنى ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە بارلىق قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگىن [94]. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ)، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار، چۈنكى ئۇلار نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر [95]. سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولغان تەقدىردىمۇ (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، ئاللاھ بۇنداق پاسىق قەۋمدىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ ①[96].***

① بۇ ئۈچ ئايەتتە تەبۇك غازىتىغا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە چىقمىغان

مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگەن ھامان، بۇ مۇناپىقلار ئۆزرە بايان قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنى ۋاپادار كۆرسىتىشمەكچى بولغانىدى. بىرىنچى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدا دېيىلدىكى، سىلەر ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلار سىلەرگە ئۆزرە بايان قىلىدۇ، سىلەر ئۇلارغا ئېيتىڭلاركى، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۆزرە بايان قىلغىنىڭ پايدىسى يوق. چۈنكى ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتىڭلارنى بىزگە كۆرسىتىپ قويدى، ئەمدى سىلەرنىڭ يالغان سۆزۈڭلەرگە بىز قانداقمۇ ئىشىنىمىز؟ ئەلۋەتتە بۇ ئۆزرىلەرنىڭ ھەقىقەتتە پات يېقىندا تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمۇ ئەمەلىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. سۆزۈڭلارنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى ئاشكارىلايدۇ. ئەگەر ھازىر سىلەر رەسۇلۇللاھنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئالداشتا ۋە كۆز بويامچىلىق قىلىشتا غەلىبە قىلدۇق دەپ ئويلىغان بولساڭلار، ئاخىرى بىر كۈن كېلىدۇ، ئۇ كۈندە بارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ھازىر بولىسىلەر. سىلەر ئاللاھنى ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن ئالدىيالمايسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە پۈتۈن قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىككىنچى ئايەتتە دېدىكى، ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ)، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار، چۈنكى ئۇلار نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر﴾ ئاندىن ئۈچىنچى ئايەتتە دېدىكى، ﴿سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولغان تەقدىردىمۇ (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، ئاللاھ بۇنداق پاسىق قەۋمدىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ﴾ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغان ۋە غازاتتىن قاچقان پاسىق قەۋمدىن ئاللاھ قانداقمۇ رازى بولسۇن؟

ٱلۡأَعۡرَابُ أَشَدُّ كُفۡرٗا وَنِفَاقٗا وَأَجۡدَرُ أَلَّا يَعۡلَمُواْ حُدُودَ مَآ أَنزَلَ
ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ٩٧ وَمِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ مَن يَتَّخِذُ
مَا يُنفِقُ مَغۡرَمٗا وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ ٱلدَّوَآئِرَۚ عَلَيۡهِمۡ دَآئِرَةُ ٱلسَّوۡءِۗ

وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٩٨﴾

*ئەئرابىلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ قاتتىقتۇر①، ئۇلار ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان (شەرىئەت ئەھكاملىرى)نى بىلمەسلىككە تېخىمۇ يېقىندۇر②، ئاللاھ (مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [97]. ئەئرابىلاردىن بەزىلىرى③ (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى جەرىمانە (ئالۋان - سېلىق) ھېسابلايدۇ④، سىلەرنىڭ ھادىسىلەرگە (يەنى كۈلپەتلەرگە) ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ⑤، (ئۇلار كۈتكەن) يامان ھادىسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كەلسۇن!⑥، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [98].*

① مەزكۇر ئايەتلەردە مەدىنە شەھىرىدىكى مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىندى، يەنە بىر قىسىم مۇناپىقلار بار ئىدى، ئۇلار مەدىنىنىڭ سىرتىدىكى يېزا-قىشلاقلاردا ياشايتتى. بۇ يېزا-قىشلاقلاردا ياشايدىغان كىشىلەر ئەئراب دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئەئرابىي دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، سەھرالىق ئەرەب دېگەن مەنىدە. شەھەرلىكلەرگە قارىغاندا ئەئرابىلارنىڭ ئەخلاقى ناچار ۋە باغرى قاتتىق ئىدى، ئۇلاردا ناچار ئىللەتلەر كۆپرەك تېپىلاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۇفرى ۋە نىپاق شەھەرلىكلەرگە قارىغاندا ئېغىر ئىدى، يەنە شەرىئەت ئەھكاملىرىنىمۇ ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ مەزكۇر خاراكتېرى زىكىر قىلىندى. بىر ھەدىستە ئۇلارنىڭ باغرى قاتتىقلىقى مۇنداق بايان قىلىنغان: «بىر كۈنى بىر قىسىم ئەئرابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: كىچىك باللىرىڭلارنى سۆيەمسىلەر؟ دېدى. ساھابىلەر: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى. ئەئرابىلار: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارنى سۆيمەيمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دېدىكى، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردىن رەھىم-شەپقەت تۇيغۇسىنى چىقىرىۋەتكەن بولسا، بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم يوق». (سەھىھۇل بۇخارى 5998-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2317-ھەدىس)

② بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار شەھەردىن يىراقتا ياشايدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا پۇرسەت بولمايدۇ.

③ ئەمدى سەھرا ئەرەبلىرىنىڭ ئىككى خىل تۈرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىل تۈرى.

④ ﴿مَغۡرَمٗا﴾ جەرىمانە، ئالۋان-سېلىق دېگەن مەنىدە، يەنى ئىنسانغا ئېغىر كېلىدىغان، ئامالسىزلىقتىن تاپشۇرىدىغان پۇل.

⑤ ﴿الدَّوَائِرَ﴾ "دَائِرَةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، دائىرە، گەردىش، زاماننىڭ چاقى، گەردىشى يەنى دەرد-ئەلەم، كۈلپەت، مۇشكۇلات، دېگەن مەنىدە. دېمەك ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشكۇللۇكلەرگە دۇچار بولۇپ، قېيىن ئەھۋالدا قېلىشىنى كۈتىدۇ.

⑥ بۇ بىر خىل بەددۇئا بولۇپ، يامانلىق، كۈلپەت، ھالاكەت، بالايى - ئاپەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كەلگەي، دېگەن مەنىدە. چۈنكى ئۇلار شۇنىڭغا لايىقتۇر.

وَمِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ مَن يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَيَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ قُرُبَٰتٍ عِندَ ٱللَّهِ وَصَلَوَٰتِ ٱلرَّسُولِۚ أَلَآ إِنَّهَا قُرۡبَةٞ لَّهُمۡۚ سَيُدۡخِلُهُمُ ٱللَّهُ فِي رَحۡمَتِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٩٩﴾ وَٱلسَّٰبِقُونَ ٱلۡأَوَّلُونَ مِنَ ٱلۡمُهَٰجِرِينَ وَٱلۡأَنصَارِ وَٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُم بِإِحۡسَٰنٖ رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ

***ئەئرابىلارنىڭ بەزىلىرى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ①. بىلىڭلاركى، (ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا بەرگەنلىرى) راستتىنلا ئۇلارنى ئاللاھقا يېقىن قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ②، شەكسىزكى، ئاللاھ (مۇئمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) تولىمۇ مېھرىباندۇر [99] ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ھەممە ئۇلارغا (ئېتىقادتا، ئەمەلدە ۋە گەپ-سۆزدە ئىخلاس بىلەن) مۇكەممەل رەۋىشتە ئەگەشكەنلەردىن③ ئاللاھ رازى بولدى،***

① بۇ ئەئرابىلارنىڭ يەنە بىر خىل تۈرى بولۇپ، شەھەردىن يىراق تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا مۇۋەپپەق قىلغان. ئىمان ئېيتقانلىقتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سەھرادا ئومۇملاشقان جاھالەتتىن قۇتقۇزغان. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئاللاھ يولىدا خەجلىگەن پۇل-ماللىرىنى جەرىمانە دەپ قارىماستىن بەلكى ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايدۇ. بۇ ئايەت يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەدىقە قىلغۇچىلار ھەققىدە قىلىپ تۇرىدىغان دۇئاسىغا ئىشارەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خەيرلىك تىلەپ، دۇئا قىلىپ تۇراتتى. ھەدىستە سەدىقە ئېلىپ كەلگەن بىر كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى ئاللاھ، ئەبى ئەۋفا جەمەتىگە مەغپىرەت قىلغىن». (سەھىھۇل بۇخارى 1497-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1078-ھەدىس)

② بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا يېقىن بولغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

③ بۇ ئايەتتە ئۈچ گۇرۇھ تىلغا ئېلىندى: بىرىنچىسى، مۇھاجىرلار گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلار دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەككە قاتارلىق جايلاردىن ھەممە نەرسىلىرىنى تاشلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانىدى. ئىككىنچىسى، ئەنسارلار گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلار مەدىنىدىكى يەرلىك كىشىلەر ئىدى، ئۇلار ھەر قانداق شارائىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان، يەنە مەدىنىگە كەلگەن مۇھاجىرلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇلارغا بارلىقىنى ئاتىغانىدى. بۇ يەردە ھەر ئىككى گۇرۇھ ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقانلار دەپ ئاتالدى، يەنى بۇ ئىككى گۇرۇھتىكىلەر ئىسلامنى دەسلەپتە ھەممىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلغانلاردۇر. ئەمدى «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقانلار»نى بەلگىلەشتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار: بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە: ئۇلار ھەر ئىككى قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇغانلار، يەنى قىبلە ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردۇر. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: ھۇدەيبىيە بەيئىتىگە قاتناشقان ساھابە كىراملادۇر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلاردۇر. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى دەسلەپتە ئىمان ئېيتقانلار قاتارىدىن ساناشقا بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارغا

سەمىمىيلىك بىلەن ئەگەشكەن كىشىلەردۇر. بەزى ئۆلىمالار بۇلاردىن تابىئىنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. تابىئىنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن، ئەمما ساھابە كىراملارنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولغان كىشىلەردۇر. بەزى ئۆلىمالار ئۈچىنچى گۇرۇھنى ئومۇمىي مەنىدە ئېلىپ، قىيامەت كۈنىگە قەدەر مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمانلارنىمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلايدۇ ۋە تابىئىنلارنىمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن سانايدۇ.

وَرَضُواْ عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ
فِيهَآ أَبَدًا ۚ ذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١٠٠﴾ وَمِمَّنْ حَوْلَكُم مِّنَ ٱلْأَعْرَابِ
مُنَٰفِقُونَ ۖ وَمِنْ أَهْلِ ٱلْمَدِينَةِ مَرَدُواْ عَلَى ٱلنِّفَاقِ لَا تَعْلَمُهُمْ ۖ نَحْنُ
نَعْلَمُهُمْ ۚ سَنُعَذِّبُهُم مَّرَّتَيْنِ ثُمَّ يُرَدُّونَ إِلَىٰ عَذَابٍ عَظِيمٍ ﴿١٠١﴾

***ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ①، بۇ كاتتا ئۇتۇقتۇر [100]. ئەتراپىڭلاردىكى ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا ئادەتلىنىپ كەتكەنلەر بار②، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن③، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز④. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ [101].***

① «ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولدى» دېگەننىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلدى، ئۇلاردىن نارازى بولمىدى، دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ ئايەتتە جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى بىلەن بېشارەت بېرىدۇ؟ بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، بۇ يەردىكى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋاقىتلىق ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈكتۇر. ئەگەر ساھابە كىراملار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە

سەللەمدىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ كېتىدىغان بولسا (بىر ئازغۇن پىرقە دەۋا قىلغانىدەك)، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جەننەت بىلەن بېشارەت بەرمىگەن بولاتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن تۇرسا، ئەمدى قوپۇپ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تەنقىدلەش ۋە ئۇبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىش ھېچقانداق بىر مۇسۇلمانغا لايىق ئەمەس. شۇنى ھەم بىلىۋېلىش لازىمكى، ئۇلارنى سۆيۈش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىش ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئەمما ئۇلارنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇلارغا ئەگەشمەسلىك ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن مەھرۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ﴿ئەگەر بىلسەڭلار (ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بىز ۋە سىلەردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى پىرقىدىن زادى قايسىمىز (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ئەڭ خاتىرجەم بولۇشقا تېگىشلىك؟﴾ . (سۈرە ئەنئام 81-ئايەت)

② " مَـرَدَ، تَمَـرَّدَ " نىڭ مەنىسى سىلىق، پارقىراق، خالىي، دېمەكتۇر. مەسىلەن: ياپراقلىرى بولمىغان شاخ، تۈكلىرى يوق ئات، ساقىلى يوق ئەرمۇ " أَمْـرَدُ " دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈستىدە ھېچ نەرسە يوق، پاكىز ئەينەك ﴿صَرْحٌ مُّمَـرَّدٌ﴾ يەنى " مُجَـرَّدٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. ﴿مَـرَدُوا عَلَى النِّفَـاقِ﴾ " تَجَـرَّدُوْا عَلَى النِّفَـاقِ" گويا ئۇلار پۈتۈنلەي نىفاقتا بېرىلىپ كەتكەن، ئۆزلىرىنى مۇناپىقلىققا ئاتىۋەتكەن، يەنى مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغان ۋە داۋاملاشتۇرغانلاردۇر. (نەتىجىدە مۇناپىقلىقتا ئۇستىلىشىپ كەتكەن ۋە مۇناپىقلىق ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن).

③ بۇ ئايەتتە ناھايىتى ئوچۇق سۆزلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى بايان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بىدئەتچىلەرگە قۇرئاننى چۈشىنىش نېسىپ بولغاي.

④ بۇ ئايەتتىكى ئىككى قېتىملىق جازالاشنى بەزى مۇپەسسىرلەر، ئۇلار دۇنيادا خار ۋە رەسۋا قىلىنىدۇ، ئاندىن ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار دۇنيادىلا ئىككى قېتىم جازالىنىدۇ: بىرى، خەلق ئارىسىدا رەسۋا قىلىنىدۇ. يەنە بىرى، قەبرىدە ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ.

وَءَاخَـرُونَ ٱعۡتَرَفُـواْ بِذُنُوبِهِـمۡ خَلَطُـواْ عَمَـلٗا صَٰلِحٗـا وَءَاخَـرَ سَـيِّئًا

عَسَى ٱللَّهُ أَن يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٠٢﴾ خُذۡ مِنۡ
أَمۡوَٰلِهِمۡ صَدَقَةٗ تُطَهِّرُهُمۡ وَتُزَكِّيهِم بِهَا وَصَلِّ عَلَيۡهِمۡۖ إِنَّ صَلَوٰتَكَ
سَكَنٞ لَّهُمۡۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٠٣﴾ أَلَمۡ يَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ يَقۡبَلُ
ٱلتَّوۡبَةَ عَنۡ عِبَادِهِۦ وَيَأۡخُذُ ٱلصَّدَقَٰتِ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ
ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٤﴾

***گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلغان (يەنى باشقىلارغا ئوخشاش جىھادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىغان) ① ۋە ياخشى ئىشنى يامان ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان② يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر③ ، چۈنكى ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [102]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن④ ، چۈنكى سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [103]. ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەردىن) سەدىقىلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى⑤ ۋە ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغان، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ [104].***

① بۇلار ساداقەتمەن مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۆزرىسى يوق ئەمما غازاتقا سەل قارىغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە تەبۇكقا بارمىغان ئىدى، كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ھېس قىلدى، ھەمدە گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى.

② بۇ يەردىكى «ياخشى ئىش» دېگىنى ئۇلار مۇشۇ غازاتتىن قېيىپ قېلىشتىن ئىلگىرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ياخشى ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىلگىرىكى غازاتلارغا تولۇق قاتنىشىپ كەلگەن

ئىدى. «يامان ئىش» دېگىنى مۇشۇ تەبۇك غازىتىغا چىقمىغانلىق خاتالىقىنى كۆرسىتىدۇ.

③ ئاللاھنىڭ كالامىدا كەلگەن ئۈمىد جەزمەنلىكنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى تەۋبە قىلغانلىق دەپ قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى.

④ بۇ ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. بۇ يەردىكى سەدىقىدىن ھەم پەرز سەدىقە يەنى زاكات ھەم نەپلە سەدىقە كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل-ماللىرىدىن سەدىقە ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلاشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، زاكات ۋە سەدىقە بېرىش ئىنساننىڭ ئەخلاقىنى ۋە ئەمەلىنى پاك قىلىدىغان بىر مۇھىم ۋاستىدۇر. خەير-ساخاۋەتنىڭ " صَدَقَةٌ " (ئەسلىدە راستچىللىق، ساداقەت دېگەن مەنىدە) سەدىقە دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، سەدىقە بولسا ساخاۋەتچىنىڭ ئىماندا سادىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە بىر مەسىلە ئايان بولدىكى، سەدىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى سەدىقە بەرگەن ئادەم ھەققىدە خەيرلىك دۇئا قىلىشى لازىم. مەسىلەن: بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى دۇئا قىلىشقا بۇيرۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. بۇنىڭدىن يەنە زاكاتنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ھەر دەۋردىكى مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل ئېلىشقا بولىدۇ. كىمكى زاكاتنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نىڭ تۇتقان يولىغا ئاساسەن، ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلىش زۆرۈردۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ «سەدىقىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى (ھالالدىن تاپقان بولۇش شەرتى بىلەن) ئۇ سەدىقىلەرنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ يەنى سەدىقىسى بېرىلگەن مالغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ ۋە سەدىقە بەرگۈچىگە كۆپلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سەدىقىنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا، خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار تايچىقىنى بېقىپ چوڭ قىلغاندەك چوڭايتىپ بېرىدۇ. ھەتتا بىر خورما چاغلىق نەرسىمۇ ئوھۇد تېغىدەك چوڭىيىپ كېتىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 1410-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 662- ھەدىس)

وَقُلِ ٱعْمَلُوا۟ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُۥ وَٱلْمُؤْمِنُونَ ۖ وَسَتُرَدُّونَ
إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٠٥﴾
وَءَاخَرُونَ مُرْجَوْنَ لِأَمْرِ ٱللَّهِ إِمَّا يُعَذِّبُهُمْ وَإِمَّا يَتُوبُ عَلَيْهِمْ ۗ
وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٠٦﴾

***(ئۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (خالىغىنىڭلارنى) قىلىۋېرىڭلار، قىلمىشىڭلارنى ئاللاھ كۆرىدۇ، ئۇنىڭ رەسۇلى ۋە مۇئمىنلەرمۇ (كۆرىدۇ). ئاندىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ①» [105]. يەنە بىر قىسىم (جىھادقا چىقمىغان) كىشىلەر )نىڭ ئىشى) ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قالدۇرۇلدى②، ئاللاھ ئۇلارنى يا (تەۋبە قىلمىسا) جازالايدۇ③، يا تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ (ۋە مەغپىرەت قىلىدۇ)④. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [106].***

① بۇ يەردىكى ﴿يَرَى﴾ كۆرىدۇ ۋە بىلىدۇ دېگەن مەنىدە، يەنى سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇز ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا (ۋەھيى ئارقىلىق) بىلدۈرىدۇ، ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرگە بىلدۈرىدۇ. (بۇ سۆز مۇناپىقلارغا قارىتىلىپ ئېيتىلىۋاتىدۇ) بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىپ بولغان ئىدى، ئەمما بۇ يەردە مۇئمىنلەر قوشۇلدى، يەنى مۇئمىنلەرمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، يەنە رىئاللىقتىنمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

② تەبۇك غازىتىغا چىقماي قېلىپ قالغانلار ئۈچ قىسىم بولۇپ، بىرىنچى قىسمى مۇناپىقلار ئىدى. قالغان ئىككى قىسمى ئۆزرىسىز قېلىپ قالغانلار بولۇپ، ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلاردىن ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ئىككى قىسىمنىڭ بىر قىسمى ئەبۇ لۇبابە قاتارلىق ئالتە ساھابە ئىدى. يەنە بىر قىسمى ئەپۇ قىلىنىشى كېچىكتۈرۈلگەن ئۈچ ساھابە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتىن قايتىپ مەدىنىگە كەلگەندە مەزكۇر ئالتە ساھابە ئۆزلىرىنى

مەسجىد نەبەۋىينىڭ تۈۋرۈكلىرىگە باغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ باغلاقلىق ساھابىلەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە بۇلار كىملەر؟ دەپ سورىدى. ساھابىلەر: بۇلار تەبۇك غازىتىغا چىقماي قېلىپ قالغانلار، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى مۇشۇنداق باغلاپتۇ، رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئۆزرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، مۇبارەك قولى بىلەن يېشىۋەتسە، دېگەن ئۈمىدتە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ھۆكۈم چۈشمىگۈچە ئۇلارنى يەشمەيمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ﴿وَآخَرُونَ اعْتَرَفُوا بِذُنُوبِهِمْ ﴾ ﴿گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلغان (يەنى باشقىلارغا ئوخشاش جىھادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىغان) ۋە ياخشى ئىشنى يامان ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى﴾ دېگەن ئايەت چۈشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يېشىۋەتتى. ئۇلار تەۋبىلىرىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سەدىقىلىرىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى﴾ دېگەن ئايەت چۈشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، سەدىقە قىلىۋەتتى. (تەپسىر تەبەرى ۋە تەپسىر ئىبنى ھاتەم) ئۈچ كىشىدىن تەركىپ تاپقان يەنە بىر قىسمى بولسا، ئىخلاسمەنلەردىن ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۈۋرۈكلەرگىمۇ باغلىمىدى، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ئايەتتە ئەنە شۇ ئەپۇ قىلىنىشى كېچىكتۈرۈلگەنلەر تىلغا ئېلىنىدى. (بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە كېلىدۇ)

③ ئەگەر ئۇلار خاتالىقلىرىدا چىڭ تۇرسا ۋە تەۋبە قىلمىسا، ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ.

④ ئەگەر ئۇلار سەمىمىي تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مَسۡجِدٗا ضِرَارٗا وَكُفۡرٗا وَتَفۡرِيقَۢا بَيۡنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ
وَإِرۡصَادٗا لِّمَنۡ حَارَبَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ مِن قَبۡلُۚ وَلَيَحۡلِفُنَّ إِنۡ أَرَدۡنَآ

إِلَّا ٱلۡحُسۡنَىٰۖ وَٱللَّهُ يَشۡهَدُ إِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ١٠٧ لَا تَقُمۡ فِيهِ أَبَدٗاۚ
لَّمَسۡجِدٌ أُسِّسَ عَلَى ٱلتَّقۡوَىٰ مِنۡ أَوَّلِ يَوۡمٍ أَحَقُّ أَن تَقُومَ فِيهِۚ فِيهِ
رِجَالٞ يُحِبُّونَ أَن يَتَطَهَّرُواْۚ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُطَّهِّرِينَ ١٠٨

**(يەنە ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىن مۇئمىنلەرگە) زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىلىقنى كۈچەيتىش، مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى بۆلۈش، ئىلگىرى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم (يەنى ئەبۇئامىر راھىب) نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلغانلار بار①، ئۇلار: «بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق» دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ. ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر② *[107]*. (ئى مۇھەممەد!) ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن③، بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ئەلۋەتتە ئىچىدە (ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن) تۇرۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر④، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار⑤، ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ *[108]*.**

① بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ناھايىتى قەبىھ بىر ھەرىكىتى بايان قىلىندى. ئۇلار بىر مەسجىد ياسىدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: بىز بۇ مەسجىدنى يامغۇر ياغقاندا، سوغۇق بولغاندا ۋە قاراڭغۇدا يىراققا بارالمايدىغان ئاجىزلار ۋە بىمارلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ سالدۇق دەپ، سەۋەب كۆرسەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەرىكەت بولسۇن ئۈچۈن ئۇ مەسجىدكە كېلىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا تەبۇك غازىتىغا مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ناماز ئوقۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. لېكىن ئۇ تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئارقىلىق مۇناپىقلارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئالىرىنى پاش قىلىپ، ئۇ مەسجىدنى ياساشتا مۇئمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىنى كۈچەيتىش، مۇئمىنلەر ئارىسىدا تەپرىقە پەيدا قىلىش، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ

دۈشمەنلىرى ئۈچۈن بىر جەمگاھ تەييارلاشتىن ئىبارەت يامان غەرەزلىرى بارلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈردى.

② يەنى ئۇلار يالغان قەسەملىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئالدىماقچى بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ قەسەملىرىنىڭ يالغانلىقى ۋە غەرەزلىرىنىڭ يامانلىقىنى ۋەھيي ئارقىلىق ئۇقتۇردى. شۇ تەرىقىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ساقلاپ قالدى.

③ شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ مەسجىدكە بارمىدى، ھەتتا ساھابىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇنى چاقتۇرىۋەتتى.

④ بۇنىڭدىن قايسى مەسجىد كۆزدە تۇتۇلغان؟ بۇ ھەقتە ھەر خىل قاراشلار بار. بەزى ئۆلىمالار ئۇنى قۇبا مەسجىدى دېسە، يەنە بەزىلەر پەيغەمبەر مەسجىدى دەپ قارايدۇ. ئىلگىرىكى سەلەف ئۆلىمالىرىدىن بىر قىسمى ئۇنىڭدىن ھەر ئىككى مەسجىد كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قارايدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بۇ ئايەتتىن قۇبا مەسجىدى مەقسەت قىلىنغان بولسا، بەزى ھەدىسلەردە پەيغەمبەر مەسجىدى «تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد» دېيىلگەن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. چۈنكى ئەگەر قۇبا مەسجىدىدە بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان دېگەن سۈپەت تېپىلىدىغان بولسا، پەيغەمبەر مەسجىدىدىمۇ بۇ سۈپەت ئەلۋەتتە تېپىلىدۇ، ئۇمۇ بۇ شەرتكە تولۇق چۈشىدۇ.

⑤ بىر ھەدىستە بۇ «پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر» نىڭ قۇبا ئەتراپىدا ياشايدىغانلار ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت چۈشكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (قۇبا ئەتراپىدا ياشايدىغان) ئۇۋەيم ئىبنى سائىدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئاللاھ تائالا سىلەرنى «پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر» دەپ ماختىدى. سىلەر قانداق پاكىزلىق قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزدە ھەر قانداق ئەر-ئايال تەرەت قىلغاندا، چالما بىلەن تازىلىغاندىن كېيىن سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماختاشنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇدۇر»، دېدى. (مەجمەئۇززەۋائىد، 217-ھەدىس) ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت بىنا قىلىنىشىدىن تارتىپلا

ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان قەدىمىي مەسجىدلەردە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابلىق ئەمەل ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. شۇنداقلا نامازنى كېيىم - كېچەكلىرىنى پاك تۇتىدىغان ۋە تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان سالىھلار بىلەن جامائەت بولۇپ ئوقۇشمۇ ساۋابلىق ئەمەلدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

أَفَمَنْ أَسَّسَ بُنْيَٰنَهُۥ عَلَىٰ تَقْوَىٰ مِنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنٍ خَيْرٌ أَم مَّنْ
أَسَّسَ بُنْيَٰنَهُۥ عَلَىٰ شَفَا جُرُفٍ هَارٍ فَٱنْهَارَ بِهِۦ فِى نَارِ جَهَنَّمَ ۗ
وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠٩﴾ لَا يَزَالُ بُنْيَٰنُهُمُ ٱلَّذِى بَنَوْا۟
رِيبَةً فِى قُلُوبِهِمْ إِلَّآ أَن تَقَطَّعَ قُلُوبُهُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١١٠﴾ ۞ إِنَّ
ٱللَّهَ ٱشْتَرَىٰ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَٰلَهُم بِأَنَّ لَهُمُ ٱلْجَنَّةَ ۚ
يُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ ۖ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِى
ٱلتَّوْرَىٰةِ وَٱلْإِنجِيلِ وَٱلْقُرْءَانِ ۚ وَمَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِۦ مِنَ ٱللَّهِ ۚ فَٱسْتَبْشِرُوا۟
بِبَيْعِكُمُ ٱلَّذِى بَايَعْتُم بِهِۦ ۚ وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١١١﴾

***ئۆزىنىڭ (ھايات) بىناسىنى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش ئاساسىغا قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئۇنى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ لېۋىگە قۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاخ ئوتىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئادەم ياخشىمۇ؟① ئاللاھ زالىم قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ [109]. تاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ ئۆلمىگۈچە②، ئۇلارنىڭ سالغان بىناسى (يەنى زىرار مەسجىدى) دىللىرىدىكى گۇمان (مۇناپىقلىق) نىڭ يىلتىزى بولۇپ قىلىۋېرىدۇ، ئاللاھ (مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنى جازالاشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [110]. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، پۇل - ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە سېتىۋالدى③. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى***

***دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، بۇ (يەنى جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى بېرىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا بايان قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ھېچكىم يوقتۇر)④ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ بىلەن قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار⑤، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر [111].***

① بۇ ئايەتتە مۆئمىن بىلەن مۇناپىقنىڭ ئەمەللىرىگە مىسال كەلتۈرۈلدى. مۆئمىن بولسا تەقۋادار بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ؛ مۇناپىق بولسا رىياكارلىق بىلەن يامان غەرەزدە ئەمەل قىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى ئاستىنى سۇ ئېقىتىپ كېتىپ، ئىچى كاۋاك بولۇپ قالغان بىر پارچە توپىلىق يەرگە ئوخشايدۇ، كىمكى ئۇ يەرنىڭ ئۈستىگە ئۆي سالسا، ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. بۇ مۇناپىقلارنىڭ ياسىغان مەسجىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنى جەھەننەمگە بىرگە ئېلىپ چۈشىدۇ.

② يۈرەكلىرى پارە-پارە بولۇشنىڭ مەنىسى ئۇلار ئۆلگۈچە يەنى ئۆلۈم كەلگۈچە ياسىغان بىنالىرى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا شەك ۋە مۇناپىقلىقنى زىيادە قىلىدىغان ۋاستە بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، خۇددى موزايغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ دىللىرىغا ئۇنى ياخشى كۆرۈش ئورناپ كەتكەندەك.

③ بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كاتتا بىر مەرھەمىتىنى بايان قىلىپ، جانلىرىنى ۋە پۇل-ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا تەقدىم قىلغان مۆئمىن بەندىلىرىگە جەننەتنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاللاھ بەندىلىرىگە جانىنى ۋە پۇل-مالىنى ئۆزى ئاتا قىلغان تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭ بەدىلىگە قىممەتلىك جەننەتنى ۋەدە قىلدى.

④ ئاللاھنىڭ بۇ ھەق ۋەدىسىنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلاردىمۇ ۋە قۇرئاندىمۇ تىلغا ئېلىنغانلىقى بۇ سودىدا شەك يوق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (سۆزىدە، ۋەدىسىدە ئاللاھتىنمۇ سادىق ھېچكىم يوق).

⑤ بۇ سۆز مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ بۇ سودىنى قوبۇل كۆرگەندە يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا جانلىرىنى ۋە پۇل-ماللىرىنى قۇربان قىلىشتا ئىككىلەنمىگەندە، ئاندىن خۇشال بولۇشقا لايىق بولىدۇ.

ٱلتَّـٰٓئِبُـونَ ٱلۡعَـٰبِـدُونَ ٱلۡحَـٰمِـدُونَ ٱلسَّـٰٓئِحُونَ ٱلرَّٰكِعُـونَ ٱلسَّـٰجِدُونَ
ٱلۡأٓمِـرُونَ بِٱلۡمَعۡـرُوفِ وَٱلنَّاهُـونَ عَـنِ ٱلۡمُنكَـرِ وَٱلۡحَـٰفِظُـونَ لِحُـدُودِ
ٱللَّهِۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١١٢﴾

***ئۇلار (يەنى بۇ سودىنى قىلغان مۆئمىنلەر) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (ئاللاھقا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار① (يەنى ئاللاھنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، چەكلىگەنلىرىدىن يانغۇچىلار) دۇر؛ (ئى پەيغەمبەر! يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە) مۆئمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن② [112].***

① بۇ ئايەتتە جانلىرىنى ۋە پۇل-ماللىرىنى ئاللاھ تائالا سېتىۋالغان مۆئمىنلەرنىڭ قوشۇمچە سۈپەتلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەممە گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغۇچىلار، ئىخلاس بىلەن رەببىگە ئىبادەت قىلغۇچىلار، تىلى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلاردۇر. ئۇلار يەنە يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەردۇر. بۇ يەردىكى ﴿السَّـٰٓئِحُونَ﴾نى كۆپىنچە تەپسىرشۇناسلار روزا تۇتقۇچىلار دەپ تەپسىر قىلغان، ھەتتا ئىمام ئىبنى كەسىرمۇ بۇنى ئەڭ توغرا ۋە مەشھۇر سۆز دەپ قارىغان. بەزى ئۆلىمالار ئۇنىڭدىن جىھاد قىلغۇچىلار دېگەن مەنانى ئالغان. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2486-ھەدىس) ئەلۋەتتە بەزىلەر چۈشەنگەندەك بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىدىكى ساياھەت يەنى زېمىندا ساياھەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇنىڭدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن چۆل-باياۋانلارغا ۋە تاغلارغا چىقىپ كېتىش، غارلاردا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىشمۇ مەقسەت قىلىنمايدۇ، چۈنكى راھىبلىق ۋە تەركى دۇنيا بولۇش ئىسلامدىن ئەمەس. ئەمما پىتنە-پاسات كۆپ بولۇپ كەتكەن كۈنلەردە دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شەھەر ۋە قىشلاقلارنى تاشلاپ، چۆل-باياۋانلارغا ۋە جاڭگاللارغا كېتىپ ياشاشقا رۇخسەت قىلىنغان. (سەھىھۇل بۇخارى 19-ھەدىس)

② دېمەك كامىل مۆئمىن دېگەن شۇنداق كىشىكى، ئۇ سۆز-

ھەربىكەتلىرىدە ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ جانلىق ئۆلگىسى بولىدۇ، ئاللاھ چەكلىگەن نەرسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى بۇزىدىغانلار بىلەن ئەمەس، بەلكى قوغدايدىغانلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئاشۇنداق كامىل مۇئمىن خۇش خەۋەرگە لايىقتۇر. مانا بۇ قۇرئان كەرىم قايتا-قايتا تەكىتلىگەن ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان﴾ دېگەن ئايەتلەردىكى سۈپەتلەردۇر. بۇ يەردە ياخشى ئەمەللەر قىسقىچە بايان قىلىندى.

مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن يَسۡتَغۡفِرُواْ لِلۡمُشۡرِكِينَ وَلَوۡ كَانُوٓاْ أُوْلِي قُرۡبَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١١٣﴾ وَمَا كَانَ ٱسۡتِغۡفَارُ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ إِلَّا عَن مَّوۡعِدَةٖ وَعَدَهَآ إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥٓ أَنَّهُۥ عَدُوّٞ لِّلَّهِ تَبَرَّأَ مِنۡهُۚ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ لَأَوَّٰهٌ حَلِيمٞ ﴿١١٤﴾ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِلَّ قَوۡمَۢا بَعۡدَ إِذۡ هَدَىٰهُمۡ حَتَّىٰ يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿١١٥﴾

*(كاپىر ھالىتىدە ئۆلگەن) مۇشرىكلارنىڭ دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلىشى ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس① [113]. ئىبراھىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىشى پەقەت ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىدىن ئادا - جۇدا بولدى②. شەكسىزكى، ئىبراھىم ئاللاھقا كۆپ ئىلتىجا قىلغۇچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، ئەپۇچان ئىدى③ [114]. ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ④، ئۇلارنى گۇمراھ قىلمايدۇ (يەنى گۇمراھلىققا ھۆكۈم قىلمايدۇ ۋە جازالىمايدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [115].*

① بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى سەھىھۇل بۇخارىدا مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇجەھىل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئۇمەييە بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى تاغا! ﴿لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّهُ﴾ يەنى «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دەپ شاھادەت ئېيتقىن. مەن غالىب ۋە بۈيۈك ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بۇ ئېيتقان شاھادىتىڭنى سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن پاكىت قىلىپ سۇنىمەن» دېدى. ئەبۇجەھىل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەييە: ئى ئەبۇتالىب! سەن ئابدۇل مۇتتەلىبنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈمسەن؟ دېدى. (يەنى سەن ئۆلۈم ئالدىدا نېمە قىلماقچىسەن؟ ئاتا-بوۋىلار مۇشۇ دىندا تۇرۇپ ۋاپات بولغان ئىدى) شۇنىڭ بىلەن ئەبۇتالىب: مەن ئابدۇل مۇتتەلىبنىڭ دىنىدىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ساڭا مەغپىرەت تىلەشتىن چەكلەنمىسەملا، ساڭا چوقۇم مەغپىرەت تىلەيمەن» دېدى. ئاندىن بۇ ئايەت نازىل بولۇپ، ئۇنى مۇشرىكلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشتىن چەكلىدى». (سەھىھۇل بۇخارى 1360-ھەدىس) يەنە سۈرە قەسەستىكى ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتمۇ مۇشۇ ھەقتە نازىل بولدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەرۋەردىگارىمدىن ئانامغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى سورىدىم، ماڭا رۇخسەت بېرىلمىدى.» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم 976-ھەدىس) ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىك قەۋمى ئۈچۈن «ئى ئاللاھ قەۋمىمنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ» دەپ دۇئا قىلغانلىقى بۇ ئايەتكە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئۈچۈن ھىدايەت تەلەپ قىلماقچى يەنى ئۇلار مېنىڭ مەرتىۋەمنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنى ھىدايەت قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەغپىرەتكە لايىق بولسۇن، دېمەكچى ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ھايات يۈرگەن كاپىر ۋە مۇشرىكلار ئۈچۈن ھىدايەت تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىش جايىزدۇر.

② يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئاتىسىنىڭ دوزىخى ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىدىن ئادا - جۇدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلمىدى.

③ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە ئاتىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىشى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى مېھىر-شەپقەت ۋە ئەپۇچانلىقتىن ئىدى.

④ ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلەشنى چەكلىگەندە، نەچچە ۋاقىتتىن بىرى مۇشرىكلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ كەلگەن بەزى ساھابىلەر، بىز خاتا ئىش قىلدۇقمۇ-نېمە؟ دېگەن ئەندىشىگە چۈشتى. شۇڭا بۇ يەردە دېيىلدىكى، ئاللاھ تائالا ھېچبىر قەۋمنى ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن ۋاقىپلاندۇرماي تۇرۇپ، جازالىمايدۇ ۋە گۇمراھلىققا ھۆكۈممۇ قىلمايدۇ، ئەمما كىمكى چەكلەنگەن ئىشلار بايان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىشلارنى قىلىشتىن يانمىسا، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنى گۇمراھلىققا ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ھۆكۈم چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ مۇشرىك تۇغقانلىرىغا مەغپىرەت تىلىگەنلەر جازاغا تارتىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى بۇنى بىلمەيتتى.

إِنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۚ وَمَا لَكُم مِّن
دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿١١٦﴾ لَّقَد تَّابَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلنَّبِيِّ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ
وَٱلۡأَنصَارِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ ٱلۡعُسۡرَةِ مِنۢ بَعۡدِ مَا كَادَ يَزِيغُ
قُلُوبُ فَرِيقٖ مِّنۡهُمۡ ثُمَّ تَابَ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّهُۥ بِهِمۡ رَءُوفٞ رَّحِيمٞ ﴿١١٧﴾

*شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ (ئۆزى خالىغاننى) ھاياتلىق بېغىشلايدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر [116]. ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى①. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن②، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر [117].*

① تەبۇك غازىتىغا چىقىش سەپىرى «قىيىنچىلىق پەيتى» دەپ ئاتالدى.

چۈنكى تەبۇك غازىتى قىيىن شارائىتتا توغرا كەلگەن ئىدى: بىرىنچىدىن، ھاۋا قاتتىق ئىسسىق ئىدى، ئىككىنچىدىن، مول-ھوسۇل يىغىدىغان چاغ ئىدى، ئۈچىنچىدىن، بۇ بەك ئۇزۇن سەپەر ئىدى، تۆتىنچىدىن، سەپەر لازىمەتلىكلىرى كەمچىل ئىدى، شۇڭا بۇ قوشۇن «قىيىنچىلىقتىكى قوشۇن» دەپ ئاتالدى. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىھاد چاقىرىقىغا ئىككىلەنمەستىن دەسلەپتە ئاۋاز قوشقان بىرىنچى تۈركۈمدىكى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنىدى. تەۋبە قىلىش ئۈچۈن ئىلگىرى گۇناھ قىلغان بولۇشى شەرت ئەمەس، گۇناھ قىلمىغان بولسىمۇ، دەرىجىلەرنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن ھەتتا تۈيماستىن قىلىپ سالغان كەمچىلىكلەر ئۈچۈنمۇ تەۋبە قىلىشقا بولىدۇ.

② بۇ ئىككىنچى بىر تۈركۈم كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردا مەزكۇر سەۋەبلەر تۈپەيلى باشتا بىر قارارغا كېلەلمەي ئارىسالدى بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئاكتىپ ھالەتكە كېلىپ، غازاتقا قىزغىنلىق بىلەن قاتناشقانلار ئىدى. بۇ يەردىكى «دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغان» دېگەننىڭ مەنىسى دىندىن شەكلەنگەن ياكى ئېتىقادىدا تەۋرىنىش بولغان دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مەزكۇر شەرت-شارائىت تۈپەيلى غازاتقا قاتنىشىش ياكى قاتناشماسلىق ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قالغان دېمەكتۇر.

وَعَلَى ٱلثَّلَٰثَةِ ٱلَّذِينَ خُلِّفُواْ حَتَّىٰٓ إِذَا ضَاقَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَرۡضُ بِمَا
رَحُبَتۡ وَضَاقَتۡ عَلَيۡهِمۡ أَنفُسُهُمۡ وَظَنُّوٓاْ أَن لَّا مَلۡجَأَ مِنَ ٱللَّهِ إِلَّآ
إِلَيۡهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيۡهِمۡ لِيَتُوبُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ١١٨ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَكُونُواْ مَعَ ٱلصَّٰدِقِينَ ١١٩

***ۋە (جىھادتىن) قېلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ (تەۋبىسىنىمۇ ئاللاھ قوبۇل قىلدى)①. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان②، ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە جەزم قىلغان ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن***

***بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى③. چۈنكى ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [118]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار④ [119].***

① ﴿خُلِّفُوا﴾ ۋە ﴿مُرْجَوْنَ﴾ ھەر ئىككىسى «جىھادتىن قېلىپ قالغانلار، جىھادقا چىقمىغانلار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تاپشۇرۇلغانلار ئىدى، ئۇلارنىڭ تەۋبىسى 50 كۈندىن كېيىن قوبۇل قىلىندى. ئۇلار كەئب ئىبنى مالىك، مەرارە ئىبنى رەبىئ ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىق ئۈچ ساھابە ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ئىخلاسمەن ساھابىلەردىن ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھېچبىر غازاتتىن قالماي قاتنىشىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار تەبۇك غازىتىغا ھورۇنلۇق ۋە سۇسلۇق سەۋەبىدىنلا قاتناشالمىغان ئىدى. كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلغانلىقلىرىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار: غازاتقا چىقماي قېلىپ قالغان خاتالىقىمىز بىزدىن سادىر بولدى، ئەمدى مۇناپىقلارغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغان ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ، يەنە بىر خاتالىق سادىر قىلساق بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە جازالىنىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ئاللاھنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇردى. ئۇلار ھەققىدە ئاللاھ تائالادىن بىر ھۆكۈم چۈشۈشىنى كۈتتى. شۇ ئارىلىقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارنى ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلماسلىققا، ھەتتا ئۇلار بىلەن گەپ-سۆز قىلىشماسلىققا بۇيرىدى، قىرىق كېچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئاياللىرىدىنمۇ يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇلدى. ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ يەنە ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىندى ۋە مەزكۇر ئايەت نازىل بولدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بار. (سەھىھۇل بۇخارى 4418-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2769-ھەدىسكە قارالسۇن)

② بۇ مەزكۇر ئىجتىمائىي بايقۇت سەۋەبىدىن ئۇلار باشتىن كەچۈرگەن دىشۋارلىق كۈنلەرنىڭ تەسۋىرىدۇر.

③ يەنى ئەللىك كۈندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئاھ-زارىنى ۋە

تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.

④ راستچىللىقى سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا بۇ ئۈچ ساھابىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قۇرئان ئايىتى سۈپىتىدە نازىل قىلدى. (ئاللاھ ئۇلاردىن، ئۇلار ئاللاھتىن رازى بولسۇن) شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىنلەرگە: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار﴾ دېگەن بۇيرۇق كەلدى. ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، كىمنىڭ قەلبىدە تەقۋالىق بولىدىكەن (يەنى ئاللاھتىن قورقۇش بولىدىكەن)، ئۇ راستچىلدۇر، كىمنىڭ قەلبىدە يالغانچىلىق بولىدىكەن، ئۇنىڭ دىلى تەقۋالىقتىن خالىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىستە: «مۇئمىن كەمچىلىك-خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ، ئەمما يالغانچىلىق قىلمايدۇ» دېيىلگەن.

مَا كَانَ لِأَهْلِ ٱلْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُم مِّنَ ٱلْأَعْرَابِ أَن يَتَخَلَّفُواْ عَن رَّسُولِ ٱللَّهِ وَلَا يَرْغَبُواْ بِأَنفُسِهِمْ عَن نَّفْسِهِۦۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ لَا يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلَا نَصَبٌ وَلَا مَخْمَصَةٌ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا يَطَـُٔونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ ٱلْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَّيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُم بِهِۦ عَمَلٌ صَٰلِحٌۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٢٠﴾

*مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقىشتىن قېلىپ قېلىشى①، ئۆز جانلىرىنى ئۇنىڭ جېنىدىن ئەۋزەل (ئارتۇق) كۆرۈشى ئۇلارغا ياراشمايتتى②. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى③، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ھەربىر ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى غەزەپلەندۈرىدىغان ھەربىر قەدىمى④، دۈشمەن ئۈستىدىن (غالىب كېلىپ) قولغا كەلتۈرگەن ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن⑤ ئۇلارغا (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ياخشى ئەمەل (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ (ئۆزىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى) مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ [120].*

① تەبۇك غازىتىغا قاتنىششقا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنغان ئىدى، شۇڭا ئۆزرىلىكلەر، ياشانغانلار ۋە باشقا شەرئىي ئۆزرىسى بارلاردىن باشقا ھەممە كىشىنىڭ بۇ غازاتقا قاتنىششى زۆرۈر ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەدىنە ئەھلىدىن ۋە مەدىنە سىرتىدىكىلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ جىھادقا قاتناشمىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى ئەيىبلەپ، ﴿رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقىشتىن قېلىپ قېلىشى ئۇلارغا ياراشمايتتى﴾ يەنى ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەس ئىدى، دېدى.

② يەنى ئۆز جانلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ھاياتىنى قوغداشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەسلىكى ھەم ئۇلارغا ياراشمايتتى. بەلكى ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىدىنمۇ بەكرەك قوغدىشى لازىم ئىدى.

③ بۇ يەردە جىھادتىن قالماسلىقنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىۋاتىدۇ، يەنى شۇنىڭ ئۈچۈن جىھادتىن قالماسلىق لازىمكى، غازاتچىلارغا ئاللاھ يولىدا ئۇچرىغان ھەر قانداق قىيىنچىلىق، ئۇسسۇزلۇق، جاپا-مۇشەققەت، ئاچلىق ياكى كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ھەربىر ھۇجۇم ۋە ھەرىكەت، يەنە دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئەمەل جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب يېزىلىدۇ. مەسجىدتە ئولتۇرۇپ ياكى بىر ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ، نەپلە ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، زىكىر ئېيتىشنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەل قاتارىغا كىرمەيدۇ، بەلكى جىھادتا دۈچ كەلگەن ھەربىر مۇشەققەت ۋە پەرىشانلىق ھەتتا دۈشمەنلەرنىڭ دىلىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىدىغان ھەر قانداق بىر ھەرىكەتمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشى ئەمەل قاتارىدا يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ پەقەت ئىبادەت قىزغىنلىقىدا جىھادتىن قېلىپ قېلىشى توغرا بولمىغان يەردە، ئۆزرىسىز جىھادقا چىقماسلىقى قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟

④ بۇنىڭدىن يوللاردا پىيادە ياكى ئاتلارغا مىنىپ، قەدەملىرىدىن ۋە ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چاڭ-توزانلار چىقىرىپ يۈرۈش ئارقىلىق دۈشمەنلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى قورقۇنچتىن لەرزىگە سېلىش ۋە ئۇلارنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىش دېگەن ئۇقۇممۇ چىقىدۇ.

⑤ ﴿دۈشمەن ئۈستىدىن (غالىب كېلىپ) قولغا كەلتۈرگەن ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت﴾ دېگەندە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرمەك، ئەسىر ئالماق ياكى مەغلۇپ قىلىپ غەنىيمەتكە ئېرىشمەك ۋە ئاخبارات ئىگىلىمەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

وَلَا يُنفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً وَلَا يَقْطَعُونَ وَادِيًا إِلَّا كُتِبَ
لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ ٱللَّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢١﴾ ۞ وَمَا كَانَ
ٱلْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُوا۟ كَآفَّةً ۚ فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ
لِّيَتَفَقَّهُوا۟ فِى ٱلدِّينِ وَلِيُنذِرُوا۟ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوٓا۟ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ
يَحْذَرُونَ ﴿١٢٢﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَٰتِلُوا۟ ٱلَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ
ٱلْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا۟ فِيكُمْ غِلْظَةً ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٢٣﴾

*ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر مۇساپىسى ئۈچۈن① (ئۇلارنىڭ نامىغا ئەجىر ـ ساۋاب) يېزىلىدۇ. (بۇ) ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئەڭ ياخشى قىلغان ئەمەللىرى بويىچە مۇكاپاتلىشى ئۈچۈندۇر [121]. مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن بىر تۈركۈمى (جىھادقا چىقىپ)، (يەنە بىر تۈركۈمى) دىنىدا ئالىم بولۇپ، قەۋمى (جىھادتىن) قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ (ئاللاھتىن) قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە، نېمىشقا (دىنىنى ئۆگىنىشكە) قېلىپ قالمىدى؟② [122]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! كاپىرلاردىن ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كاپىرلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)③، ئۇلار سىلەردىن قاتتىق قوللۇقنى كۆرسۇن (يەنى ھېس قىلسۇن)④، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى ئاللاھ تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر) [123].*

① ﴿وَادِيًا﴾ دەريا بويلاپ سوزۇلغان ياكى تاغلار ئارىسىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىك ۋادى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن يولۇچىلار بېسىپ ئۆتىدىغان يۇرت-ماكانلار، تاغ يوللىرى ۋە مۇساپە مەقسەت قىلىنغان. يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا ئاز-كۆپ قانچىلىك چىقىم قىلساڭلار، شۇنىڭدەك قانداق بىر ۋادى ياكى يولدىن ئۆتسەڭلار (يەنى جىھاد ئۈچۈن ئۇزۇن ياكى قىسقا سەپەر قىلساڭلار)، بۇ ياخشى ئەمەللىرىڭلار ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىلەرنىڭ نامە-ئەمەلىڭلارغا يېزىلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئېسىل مۇكاپات بېرىدۇ.

② بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتمۇ جىھاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك ئىلگىرىكى ئايەتلەردە جىھادقا چىقماي قېلىپ قالغانلار قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە ئەيىبلەنگەندە ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتتىق ئېھتىيات قىلىدىغان بولغان، جىھادقا چىقىدىغان ئىش بولسىلا، ھەممىسى تەڭ قاتنىشىشقا تىرىشقان. بۇ ئايەت ئۇلارغا شۇنى ئۇچۇقلىدىكى، ھەربىر جىھاد تۈر ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، ھەممە ئادەمنىڭ قاتنىشىشى زۆرۈر بولمايدۇ، (مەسىلەن تەبۇك غازىتىغا ھەممە ئادەمنىڭ قاتنىشىشى زۆرۈر ئىدى، ئەمما ھەممە غازات ئۇنداق بولمايدۇ) بەلكى بىر جامائە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قاتنىشىشى كۇپايە قىلىدۇ. ئۇ مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنني ئالىم بولۇپ» دېگەندە جىھادقا چىقماي قېلىپ قالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى بىر تۈركۈم كىشىلەر جىھادقا چىقسۇن، "وَتَبْقَى طَآئِفَةٌ " يەنە بىر تۈركۈمى قېلىپ قالسۇن (بۇ ئىبارە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولىدۇ)، ئۇلار دىنني ئىلىم ھاسىل قىلسۇن، جىھادقا كەتكەنلەر قايتىپ كەلگەندە ئۇلارغا دىن ئەھكاملىرىنى يەتكۈزسۇن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرسۇن. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر تەپسىرى شۇكى، بۇ ئايەت جىھاد بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بەلكى ئۇنىڭدا ئىلىم ھاسىل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە يولى بايان قىلىنغان، ھەم ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىنغان. ھەربىر جامائەدىن ياكى قەبىلىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر دىنني ئىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ، ئىلىم-مەرىپەت يۇرتلىرىغا بارسۇن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەۋمىگە ۋەز-نەسىھەت قىلسۇن دېمەكتۇر. «دىندا ئالىم بولۇپ» دېگەن شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلارغا ئالاقىدار ئىلىملەرنى ھاسىل قىلىپ، ئۆزى ئاللاھنىڭ

پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرسۇن ۋە چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرسۇن ۋە قەۋمىنىڭ ئىچىدىمۇ ياخشىلىقا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسۇن دېمەكتۇر.

③ بۇ ئايەتتە، كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بىر مۇھىم ئۇسۇلى بايان قىلىنىپ، " الأَوَّلُ فالأَوَّل، الأَقْرَبُ فَالأَقْرَبُ " يېقىندىكىلەرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن دەسلەپكى قەدەمدە ئەڭ يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىشقا تەرغىب قىلىندى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھاد قىلىشنى ئاۋۋال ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇشرىكلاردىن باشلىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا مەككە، مەدىنە، تائىف، يەمەن، يەمامە، ھىجر، خەيبەر، ھەزرەمەۋت ۋە باشقا جايلاردا غەلىبە ئاتا قىلدى. بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرى ئىسلامغا توپ ـ توپ بولۇپ كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى كىتابقا قارشى جىھاد قىلىشنى باشلىۋەتتى. ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا يېقىن بولغان رىملىقلار بىلەن جىھاد قىلىش ئۈچۈن تەبۇككا باردى. شۇنىڭغا بىنائەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن تۆت خەلىپە ئاۋۋال رىمدىكى خرىستىئانلارغا قارشى ئاندىن ئىراندىكى مەجۇسىيلارغا قارشى جىھاد قىلدى.

④ يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن، دېمەك مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدا كاپىرلارغا قارىتا شەپقەت ئەمەس، قاتتىقلىق بولۇش لازىم. مەسىلەن، ساھابىلەرنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز ـ ئارا كۆيۈمچاندۇر﴾. (سۈرە فەتھ 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿مۆئمىنلەرگە كۆيۈندىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز﴾. (سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

وَإِذَا مَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٞ فَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ أَيُّكُمۡ زَادَتۡهُ هَٰذِهِۦٓ إِيمَٰنٗاۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَزَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَهُمۡ يَسۡتَبۡشِرُونَ ١٢٤

وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَتۡهُمۡ رِجۡسًا إِلَىٰ رِجۡسِهِمۡ وَمَاتُواْ
وَهُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿١٢٥﴾

***قاچان (قۇرئاندىن) بىر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى؟① » دەيدىغانلار بار، مۇئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل - ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى (ئىمانىغا ئىمان قوشتى)، ئۇلار (بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ) خۇشال بولىدۇ② [124]. دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) غا كېلىدىغان بولساق، (بۇ سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىغا كۇفرىلىق قوشتى (يەنى ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، تېخىمۇ گۇمراھلاشتى)، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى③ [125].***

① بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرى ۋە قىلمىشلىرى پاش قىلىنغاندى، بۇ ئايەتلەردە ئۇنىڭ داۋامى سۆزلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلىنىۋاتىدۇ، مۇناپىقلار يوق ۋاقىتتا بىرەر سۈرە ياكى سۈرىنىڭ بىر قىسمى نازىل بولغان بولسا، ئۇلار ئۇنى بىلگەندىن كېيىن مازاق قىلىش يۈزىسىدىن بىر-بىرىگە: «بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدۇ.

② بۇ يەردە ئۇلارغا جاۋابەن دېيىلدىكى، قانداقلا بىر سۈرىنىڭ نازىل بولۇشى مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى چوقۇم كۈچەيتىدۇ، ئۇلار ئىمانىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن خۇشال بولىدۇ. بۇ ئايەتمۇ ئىمانىنىڭ كۈچىيىدىغانلىقى ۋە ئاجىزلايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

③ «دىللىرىدا كېسەل بارلار» دېگەن دىللىرىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلارنى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قارىتا شەك-شۈبھىدە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە دېيىلدىكى، بۇ سۈرە مۇناپىقلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى ۋە پەسكەشلىكىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ ۋە تېخىمۇ گۇمراھلىشىدۇ، ھەتتا ئۇلار گۇمراھلىقتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇكى، ئۇلارغا تەۋبە قىلىش نېسىپ بولمايدۇ، ئۇلارغا كۇفرىلىق ئۈستىدىلا ئۆلۈم كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە

بايان قىلغانىدەك: ﴿بىز مۆئمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾. (سۈرە ئىسرا 82-ئايەت). مانا بۇ ئۇلارنىڭ بەتبەختلىكىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خۇددى نورمال ئادەملەر غىزالانسا، قۇۋۋەت ۋە لەززەت بېرىدىغان تاماق ئاشقازىنى بۇزۇلغان ئادەمگە بېرىلسە، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدەك، كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتكە باشلايدىغان نەسىھەتلەر ئۇلارنىڭ تېخىمۇ گۇمراھ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

أَوَ لَا يَرَوْنَ أَنَّهُمْ يُفْتَنُونَ فِي كُلِّ عَامٍ مَّرَّةً أَوْ مَرَّتَيْنِ ثُمَّ لَا يَتُوبُونَ وَلَا هُمْ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٢٦﴾ وَإِذَا مَآ أُنزِلَتْ سُورَةٌ نَّظَرَ بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ هَلْ يَرَىٰكُم مِّنْ أَحَدٍ ثُمَّ ٱنصَرَفُوا۟ صَرَفَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُم بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ ﴿١٢٧﴾ لَقَدْ جَآءَكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِٱلْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢٨﴾ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَقُلْ حَسْبِىَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ ۖ وَهُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ﴿١٢٩﴾

*ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى① (يەنى ئۇلار توغرىسىدا ۋەھيي نازىل بولۇپ، سىرلىرىنىڭ پاش قىلىنىدىغانلىقىنى) بىلمەمدۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ (يەنى نىپاقتىن قايتمايدۇ)، ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ [126]. (ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ: «سىلەرنى بىر كىم كۆرۈپ قالارمۇ» دېيىشىپ تىكىۋېتىدۇ②، ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئۇنىڭدىن) بۇرىۋەتتى③ [127]. (ئى ئىنسانلار!) ھەقىقەتەن، سىلەرگە*

***ئۆزۈڭلاردىن (يەنى ئۆز تىپىڭلاردىن) بىر رەسۇل كەلدى④. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ⑤، ئۇ سىلەرگە (يەنى ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر⑥، مۇئمىنلەرگە بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر⑦ [128]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سەندىن (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرۈسە⑧، سەن: «ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر⑨، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى ئاللاھقىلا تاياندىم، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچكىمدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر⑩» دېگىن [129].***

① ﴿يُفْتَنُونَ﴾نىڭ مەنىسى ئۇلار سىنىلىدۇ، بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى، ئۇلار ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك قاتارلىق ئاپەتلەر بىلەن سىنىلىدۇ (ئەمما بۇ ئۇقۇم جۈملىنىڭ سىياقىدىن يىراق). يەنە بىر مەنىسى، جىسمانىي كېسەللىكلەر ۋە كۈلپەتلەر بىلەن ياكى غازاتلارغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنىش بىلەن سىنىلىدۇ. (بۇ ئۇقۇم جۈملىنىڭ سىياقىغا بەكرەك ماس كېلىدۇ، شۇڭا توغرىغا ئەڭ يېقىندۇر).

② يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى چاغدا ئۇنىڭغا مۇناپىقلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى پاش قىلىدىغان بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، غىپپىدە تىكىۋېتىدۇ.

③ يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلمىغانلىقى، چۈشۈنۈشكە ئۇرۇنمىغانلىقى سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن ۋە ياخشىلىقتىن بۇرىۋەتتى.

④ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت كاتتا نېمەت ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى سۈپىتى شۇكى، ئۇ سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن يەنى ئادەم ئەۋلادى ۋە ئىنسانلار جۈملىسىدىندۇر. (بەزى ئەقىدىسى بۇزۇق كىشىلەر دەۋا قىلغاندەك نۇر ياكى باشقا نەرسىدىن يارىتىلغان ئەمەس)

⑤ " عَنِتُّ " ئىنسانغا جاپا-مۇشەققەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەر

دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇنىڭغا دۇنيادىكى مۇشەققەت ۋە ئاخىرەتتىكى ئازابمۇ كىرىدۇ. دېمەك بۇ پەيغەمبەرگە سىلەرنىڭ ھەر قانداق جاپا-مۇشەققەت تارتىشىڭلار ئېغىر كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن توغرا، ئاسان دىن بىلەن ئەۋەتىلدىم». (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 266-بەت، 6-توم، 233-بەت) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ دىن ئاسانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 39-ھەدىس)

⑥ ئۇ سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلارغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىڭلارغا ناھايىتى ھېرىستۇر. سىلەرنىڭ جەھەننەمگە كىرىپ كېتىشىڭلارنى خالىمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنىڭ بەلبېغىڭلاردىن تۇتۇپ تارتىمەن، سىلەر خۇددى پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغاندەك، جەھەننەمگە ئۆزۈڭلارنى ئاتىسىلەر». (سەھىھۇل بۇخارى 6483-ھەدىس)

⑦ بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆتىنچى سۈپىتىدۇر. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە يۈكسەك پەزىلەتلىرىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل ئەخلاققا ئىگىدۇر. (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى بولسۇن)

⑧ يەنى سەن ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ۋە مەرھەمەتلىك دىنىدىن يۈز ئۆرۈسە.

⑨ يەنى ئاللاھ مېنى كاپىرلار ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن ساقلايدۇ.

⑩ ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بۇ ئايەتنى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا يەتتە قېتىم ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ غەم-ئەندىشىلىرى (غەم ۋە مۇشكۈلاتلىرى) گە كۇپايە قىلىدۇ». (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 5081-ھەدىس)

# سۈرە يۇنۇس

| (١٠) سورة يونس مكية ١٠٩ آية | (10) سۈرە يۇنۇس مەككىدە چۈشكەن 109 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡحَكِيمِ ١ أَكَانَ لِلنَّاسِ عَجَبًا أَنۡ
أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ رَجُلٖ مِّنۡهُمۡ أَنۡ أَنذِرِ ٱلنَّاسَ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنَّ
لَهُمۡ قَدَمَ صِدۡقٍ عِندَ رَبِّهِمۡۗ قَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٞ
مُّبِينٌ ٢

***ئەلىف، لام، را. بۇلار ھېكمەتلىك① كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر [1]. ئىنسانلار ئىچىدىن بىر ئەر كىشىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): «ئىنسانلارنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، ئىمان ئېيتقانلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى مەرتىۋە بارلىقى② بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ۋەھيي قىلغانلىقىمىز ئۇلار ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولۇپ قاپتۇمۇ؟③ كاپىرلار: «بۇ ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق سېھرگەردۇر④» دېدى [2].***

★ بۇ سۈرە مەككىدە چۈشكەن، ئۇنىڭ ئىككى ئايىتى، بەزى

مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۈچ ئايىتى مەدىنىدە چۈشكەن. (فەتھۇلقەدىر)

① ﴿الْحَكِيْمِ﴾ دېگەن سۆز كىتابنىڭ يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ سۈپىتى، ھېكمەتلىك كىتاب دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ يەنە بىر قانچە مەنىسى بار: بىرىنچى مەنىسى، " اَلْمُحْكَمُ" يەنى ھالالنى، ھارامنى، جازا كېلىدىغان جىنايەتلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى پۇختا ۋە ئوچۇق بايان قىلغان كىتاب. ئىككىنچى مەنىسى، ھۆكۈم قىلغۇچى مەنىسىدىكى " حَكِيْمٌ" يەنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلغۇچى كىتاب. (سۈرە بەقەرە 23-ئايەتتە كەلگەندەك) ئۈچىنچى مەنىسى، ﴿الْحَكِيْمِ﴾ بۇ يەردە " مَحْكُوْمٌ فِيْهِ" مەنىسىدە كەلگەن، يەنى ئاللاھ تائالا بۇ كىتابنى ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغان.

② ﴿قَدَمَ صِدْقٍ﴾ جەننەت، يۇقىرى مەرتىۋە، كاتتا ئەجىر ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلىدىغان ياخشى ئەمەل دېگەن مەنىدە.

③ بۇ يەردىكى سوئال ئۇلارنىڭ ئەجەبلەنگەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر خىل ئەيىبلەش چىقىپ تۇرىدۇ، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئىچىدىن بىر ئادەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە ئەجەبلەنمەسلىكى لازىم ئىدى، چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلالايتتى. ئەگەر ئۇ ئىنسان بولماي، باشقا بىر تىپتىن بولغان بولسا، پەرىشتە ياكى جىندىن بولغان بولسا، ئۇ چاغدا بىرىنچىدىن: پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەسلي مەقسىتى ھاسىل بولمايتتى، چۈنكى ئىنسانلار ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالماي، غەيرىيلىك ھېس قىلاتتى. ئىككىنچىدىن: ئۇلار ئۈچۈن ئۇنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمايتتى. ئەگەر بىر جىن ياكى پەرىشتە ئىنسان شەكلىدە ئەۋەتىلسە، ئۇ چاغدا ئىنسانلار يەنە بۇ بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەن دەپ ئېتىراز بىلدۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەجەبلىنىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس.

④ كاپىرلار ئىنكار قىلىدىغانغا ھېچقانداق باھانە تاپالمىغان چاغدا بۇ سېھىرگەر ئىكەن دەپ ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىنى قوغدايدۇ، تەرسالىق قىلىدۇ. (ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن)

إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۖ يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ ۖ مَا مِن شَفِيعٍ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ إِذْنِهِۦ ۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ ۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾

***شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئىنسانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرش ئۈستىگە (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە) ئىستىۋا قىلغان① ئاللاھتۇر. ئۇ (ھەممە) ئىشنى (ئۆز ھېكمىتىگە مۇۋاپىق) ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ②، ئۇنىڭ ئىجازىتى بولماستىن ھېچكىم شاپائەتچى بولالمايدۇ③، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار④. (شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر ۋەز ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟ [3].***

① بۇ نۇقتا سۈرە ئەئراف 54-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

② يەنى ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىپ، ئۇلارنى مۇنداقلا تاشلاپ قويمىدى، بەلكى پۈتۈن كائىنات نىزامىنى بىر خىل رەۋىشتە ئىدارە قىلىپ، باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرغا قەدەر ئۇلار ئارىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش يۈز بەرمىدى. ھەر بىر مەۋجۇدات ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر.

③ بۇ ئايەت مۇشرىكلار ۋە كاپىرلارغا قارىتىلغان، ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، بىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟﴾. (سۈرە بەقەرە 255-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ﴿ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ﴾. (سۈرە نەجم 26-ئايەت) ﴿ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ﴾. (سۈرە ئەنبىيا 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ﴿ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاللاھ ئۆزى رۇخسەت بەرگەن ئادەمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ﴾. (سۈرە سەبەئ 23-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

④ يەنى ئۇ شۇنداق ئاللاھتۇركى، پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىدارە قىلغۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسىدۇر، كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى ئۇنىڭغىلا مەنسۇپ، ئۇ ھەممىنىڭ ئىگىسى، ئۇ ئۆزىلا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىقتۇر.

إِلَيۡهِ مَرۡجِعُكُمۡ جَمِيعٗاۖ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقًّاۚ إِنَّهُۥ يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ
يُعِيدُهُۥ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ بِٱلۡقِسۡطِۚ
وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمۡ شَرَابٞ مِّنۡ حَمِيمٖ وَعَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ
يَكۡفُرُونَ ٤ هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ ٱلشَّمۡسَ ضِيَآءٗ وَٱلۡقَمَرَ نُورٗا وَقَدَّرَهُۥ
مَنَازِلَ لِتَعۡلَمُواْ عَدَدَ ٱلسِّنِينَ وَٱلۡحِسَابَۚ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ ذَٰلِكَ إِلَّا
بِٱلۡحَقِّۚ يُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ٥

*(قىيامەت كۈنى) ھەممىڭلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، چۈنكى ئۇ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) ياراتتى، ئاندىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، (ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدۇ. كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن، ناھايىتى قىزىق سۇدىن ئىچىملىك ۋە دەردلىك ئازاب بار① [4]. ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلغان②، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن③ ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرۇجلارنى) بەلگىلىگەن زاتتۇر. ئاللاھ ئۇلارنى پەقەتلا ھېكمەت بىلەن ياراتتى. (يارىتىشتىكى ھېكمەتنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى تەپسىلي بايان قىلىدۇ [5].*

① بۇ ئايەتتە قىيامەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا جەم بولۇشى ۋە ئۇ يەردىكى مۇكاپات ۋە جازا بايان قىلىندى. بۇ تېما قۇرئان كەرىمدىكى كۆپ سۈرىلەردە ھەر خىل ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

② ﴿ضِيَآءً﴾ دېگەن «ضَوْءٌ» بىلەن بىر مەنىدە. بۇ يەردە ﴿ضِيَآءً﴾ ۋە ﴿نُورًا﴾ سۆزىگە ئۇلىشىپ كېلىدىغان بىر ئىنىقلىغۇچى بار دەپ ئالغاندا، جۈملە بۇ شەكىلدە كېلىدۇ: «اَلشَّمْسُ ذَاتُ ضِيَاءٍ وَالْقَمَرُ ذَا نُوْرٍ» مەنىسى ئاللاھ تائالا قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە تارقاتقۇچى، ئاينى نۇرلۇق (نۇر قايتۇرغۇچى) قىلىپ ياراتتى، دېگەن بولىدۇ، چۈنكى ﴿ضِيَآءً﴾ دېگەن ئەسلىي ئۆزىدە بار نۇرنى بىلدۈرىدۇ. ﴿نُورًا﴾ دېگەن سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان نۇرنى كۆرسىتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: قۇياشنىڭ نۇرى ئۆزىدە ئەسلىدىن بار، ئەمما ئاينىڭ نۇرى قۇياشتىن ئېلىنغان يەنى قايتقان نۇردۇر. (فەتھۇلقەدىر) دېمەك ئاي ئۆزى نۇر چىقارمايدۇ، پەقەت قۇياشنىڭ نۇرنى قايتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئاسمان-زېمىننى يارىتىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ئايەتلەردىن كېيىن، كائىناتتىكى ئەڭ مۇھىم سەييارىلەردىن قۇياش بىلەن ئاينى مىسال سۈپىتىدە كەلتۈرۈۋاتىدۇ. قۇياشنىڭ ھارارىتى، ئىسسىقى ۋە نۇرىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكى ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە مەلۇم. شۇنىڭدەك ئاينىڭ نۇرىدىكى سالقىنلىق ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. (ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر)

③ يەنى بىز ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق. بۇ مەنزىللەردىن ئاي بىر كېچە-كۈندۈزدە باسىدىغان مۇساپە مەقسەت قىلىنىدۇ. ئاي ئۆزىگە خاس ھەرىكەت ۋە سەير قىلىش بىلەن باسىدىغان بۇ مەنزىللەر جەمئىي 28 مەنزىلدۇر، ئاي ھەر كېچىسى بىر مەنزىلگە يېتىدۇ، ئۇ يولدا ھەرگىز خاتالىشىپ قالمايدۇ. ئاي دەسلەپكى مەنزىللىرىدە كىچىك ۋە ئىنچىكە بولىدۇ، كېيىن ئاستا-ئاستا چوڭىيىپ ئون تۆتىنچى كېچە ياكى ئون تۆتىنچى مەنزىلگە يەتكەندە مۇكەممەل تولۇپ، تولۇن ئاي بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىچىكلەشكە ۋە ئىنچىكىلەشكە باشلايدۇ، ھەتتا ئاخىرىدا بىر ياكى ئىككى كېچە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن يەنە يېڭى ھىلال بولۇپ زاھىر بولىدۇ. بۇ سەير قىلىشنىڭ پايدىسى شۇكى، سىلەر قۇياش بىلەن ئاي ئارقىلىق يىللارنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلايسىلەر. يەنى ئاينىڭ مەنزىللەر ئارىسىدا سەير قىلىشىدىن ئايلار ۋە يىللار ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ھەر نەرسىنى ھېسابلاش ئاسان بولىدۇ. يەنى بىر يىل ئون ئىككى ئاي، بىر ئاي 29 ياكى 30 كۈن. بىر كۈن 24 سائەت بولۇپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مۇددىتىدۇر. كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭ بولغان كۈنلەردە كېچە

ئون ئىككى سائەت، كۈندۈزمۇ ئون ئىككى سائەت بولىدۇ، كېچە قىشتا ئۇزۇن، يازدا قىسقا بولىدۇ. دۇنيادىكى سودا-سانائەت ۋە ئالاقە-مۇناسىۋەت ئىشلىرىلا ئاينىڭ مەنزىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس بەلكى دىنىي ئەمەل-ئىبادەتلەرمۇ ئۇلار ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ. مەسىلەن: ئايغا قاراپ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار، ھەج قىلىش، روزا تۇتۇش قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقتى بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئىشلار ھەربىر مۇئمىن ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

إِنَّ فِي ٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ
لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَّقُونَ ٦ إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ لِقَآءَنَا وَرَضُواْ
بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَٱطۡمَأَنُّواْ بِهَا وَٱلَّذِينَ هُمۡ عَنۡ ءَايَٰتِنَا غَٰفِلُونَ ٧
أُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُ بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ٨ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ يَهۡدِيهِمۡ رَبُّهُم بِإِيمَٰنِهِمۡۖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمُ
ٱلۡأَنۡهَٰرُ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ٩ دَعۡوَىٰهُمۡ فِيهَا سُبۡحَٰنَكَ ٱللَّهُمَّ
وَتَحِيَّتُهُمۡ فِيهَا سَلَٰمٞۚ وَءَاخِرُ دَعۡوَىٰهُمۡ أَنِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١٠

شەكسىزكى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (ئاللاھتىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، (ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [6]. شۈبھىسىزكى، بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار)، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار [7]، ـــ ئەنە شۇلارنىڭ جايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ [8]. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانى يۈزىسىدىن رەببى (ئۇلارنىڭ مۇرادى بولغان جەننەتنىڭ يولىغا) يېتەكلەيدۇ، نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئۇلارنىڭ (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ① [9]. ئۇلارنىڭ

***جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز»② دېيىش، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا) بېرىدىغان سالىمى: «ئامان بولۇڭلار!③ (يەنى ئەسسالامۇئەلەيكۇم)» دېيىش، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر [10].***

① بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى، دۇنيادا ئېتىقان ئىمانىنىڭ سەۋەبى بىلەن قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلار ئۈچۈن پىلسىراتتىن ئۆتۈشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدا ﴿ بِإِيمَانِهِمْ ﴾دىكى "ب" ھەرپى بۇ يەردە سەۋەب مەنىسىدە كەلگەن بولىدۇ. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە "ب" بۇ يەردە ياردەمچى ھەرپ بولۇپ كەلگەن، مەنىسى سۈرە ھەدىدتە كەلگەندەك: ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ئۇلۇغ ۋە ئالدى تەرەپلىرىدە چاقناپ تۇرىدىغان نۇر ئاتا قىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ يورۇقىدا ماڭىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

② جەننەت ئەھلى بولغانلار ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ تۇرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىگە تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىشنى، ئۇلارغا خۇددى نەپەس ئېلىشنى ئىلھام قىلغاندەك ئىلھام قىلىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2835-ھەدىس) يەنى ھەمدۇسانا جەننەت ئەھلىنىڭ تىلىغا خۇددى نەپەس ئالغاندەك ئىختىيارسىز كېلىپ تۇرىدۇ.

③ يەنى بىر-بىرىگە مۇشۇ يوسۇندا سالام قىلىدۇ، شۇنىڭدەك پەرىشتىلەرمۇ ئۇلارغا سالام قىلىدۇ.

۞ وَلَوْ يُعَجِّلُ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ ٱلشَّرَّ ٱسْتِعْجَالَهُم بِٱلْخَيْرِ لَقُضِىَ إِلَيْهِمْ أَجَلُهُمْ ۖ فَنَذَرُ ٱلَّذِينَ لَا يَرْجُونَ لِقَآءَنَا فِى طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١١﴾ وَإِذَا مَسَّ ٱلْإِنسَٰنَ ٱلضُّرُّ دَعَانَا لِجَنۢبِهِۦٓ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَآئِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُۥ مَرَّ كَأَن لَّمْ يَدْعُنَآ إِلَىٰ ضُرٍّ مَّسَّهُۥ ۚ كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢﴾

***ئەگەر ئىنسانلار ياخشىلىقنىڭ تېز كېلىشىگە ئالدىرىغانـدەك ئاللاھمۇ ئۇلارغا يامانلىقنى تېز چۈشۈرۈشكە ئالدىرىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم ئاخىرلاشقان بولاتتى (يەنى ھالاك بولاتتى)①. بىز بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىشەنمەيدىغانلارنى ئازغۇنلۇقتا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز [11]. ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ئۇ ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، ئۆرە تۇرسىمۇ، (ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ②؛ ئۇنىڭغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، ئۇ گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ (يەنى يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ)، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى③ [12].***

① بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، ئىنسانلار ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىشتا ئالدىرىغانـدەك، يامانلىقنى (ئازابنى) تەلەپ قىلىشتىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئېيتىدۇ: ئەگەر سىلەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى كەلتۈرۈڭلار. ئۇلارغا جاۋابەن دېيىلىدۇكى، ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئالدىراپ ئازاب كەلتۈرسەك، ئۇلار ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولاتتى. لېكىن بىز ئۇلارغا مۆھلەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا يېتەرلىك پۇرسەت بېرىمىز. بۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى مەنىسى شۇكى، ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەپ خەيرلىك دۇئا قىلىدۇ، بىز ئۇنى ئىجابەت قىلىمىز. شۇنىڭدەك ئىنسان ئاچچىقلانغان ياكى سىقىلغان چاغدا ئۆزى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن بەددۇئا قىلىدۇ، بىز ئۇنىڭ تىلى بىلەن ھالاكەت تىلىگەن بىلەن، دىلىدا ئۇنداق نىيەت يوق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، شۇڭا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشقا ئالدىرىمايمىز. ئەگەر بىز ئىنسانلارنىڭ بەددۇئالىرىغا ئاساسەن ئۇلارنى دەرھال ھالاك قىلساق، كىشىلەر تېزلا ئۆلۈم ۋە ھالاكەتكە دۇچار بولۇپ كەتكەن بولاتتى. شۇڭا ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۆزۈڭلارنىڭ، بالىلىرىڭلارنىڭ ۋە ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار، دۇئالىرىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىجابەت قىلىدىغان سائىتىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلغان بەددۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىۋېتىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 3009 ـ ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 1532 ـ ھەدىس)

② بۇ ئايەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر خاتالىق سۆزلىنىدۇ. چۈنكى خېلى كۆپ مۇسۇلمانلار بۇ خاتالىقنى سادىر قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار قىيىنچىلىققا يولۇققان چاغدا ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىدۇ، كۆپ دۇئا قىلىدۇ، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلەيدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەن چاغدا ئاللاھقا سېغىنىپ دۇئا قىلىشتىن غاپىل بولۇپ قالىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقتىن بالا-قازا كۆتۈرۈلگەن تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلىشنى ئۇنتۇيدۇ.

③ يامان ئەمەللەرنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى سىناق سۈپىتىدە ۋە مۆھلەت شەكلىدە ئاللاھ تەرەپتىنمۇ بولىدۇ؛ ۋەسۋەسە ئارقىلىق شەيتان تەرەپتىنمۇ بولىدۇ، يەنە ئىنسانىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىققا تەرغىب قىلىدىغان ئۆز نەپسى تەرىپىدىنمۇ بولىدۇ. ﴿نەپس دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ﴾. (سۈرە يۈسۈف 53-ئايەت) دېمەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرلا ئەنە شۇنداق ئىشلارغا دۇچار بولىدۇ. بۇ ئايەتتىن مۇنداق ئوقۇم چىقىدۇ: دۇئا قىلماسلىق، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشتىن غەپلەتتە قىلىش، نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىش قاتارلىق قىلمىشلار ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى.

وَلَقَدۡ أَهۡلَكۡنَا ٱلۡقُرُونَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَمَّا ظَلَمُواْ وَجَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم
بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ١٣
ثُمَّ جَعَلۡنَٰكُمۡ خَلَٰٓئِفَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ لِنَنظُرَ كَيۡفَ
تَعۡمَلُونَ ١٤ وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَاتُنَا بَيِّنَٰتٖ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ
لِقَآءَنَا ٱئۡتِ بِقُرۡءَانٍ غَيۡرِ هَٰذَآ أَوۡ بَدِّلۡهُۚ قُلۡ مَا يَكُونُ لِيٓ أَنۡ
أُبَدِّلَهُۥ مِن تِلۡقَآيِٕ نَفۡسِيٓۖ إِنۡ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّۖ إِنِّيٓ أَخَافُ إِنۡ
عَصَيۡتُ رَبِّي عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ١٥

***شۇبھىسىزكى، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغاندا (يەنى كاپىر***

*بولغانـدا ، گۇمراھلىقتا ھەددىدىــن ئاشقاندا) ، ھەقىقەتــەن بىـز ئۇلارنى ھـالاك قىلـدۇق. زادى ئـۇلار ئىمـان ئېيتمايدىغـان قـەۋم ئىـدى. بىـز گۇناھــكار قەۋمنــى ئەنــە شــۇنداق جازالايمــز① [13]. ئاندىـــن سـىلەرنىڭ قانــداق قىلىدىغانلىقىڭلارنــى كــۆرۈپ بېقىــش ئۈچـۈن، ئـۇلار (يەنـى ئۆتكـەن ئۈممەتلەرنـى ھـالاك قىلغـان) دىـن كېيىـن، بىـز سـىلەرنى يـەر يۈزىـدە ئۇلارنىـڭ ئورنىغـا دەسسـەتتۇق (ئورۇنباسـار قىلـدۇق)② [14]. ئۇلارغـا بىزنىـڭ روشـەن ئايەتلىرىمىـز تـىلاۋەت قىلىنسـا③ ، بىزگـە مۇلاقـات بولۇشـنى ئۈمىـد قىلمايدىغانـلار (يەنـى قىيامەتكــە ئىشــەنمەيدىغانلار): «بۇنىڭدىـــن باشــقا بىــر قۇرئاننــى كەلتۈرگـىن ياكـى ئۇنـى ئۆزگەرتكـىن④ (يەنـى ئازابقـا دائىـر ئايەتنـى رەھمــەت ئايىتىگــە ئۆزگــەرت ، ئىلاھلىرىمىزنــى سـۆككەنىڭ ئورنىغـا مەدھىيلــە ، ھارامنــى ھــالال قىــل)» دېــدى. (ئۇلارغــا) «مــەن ئۇنــى ئۆزلۈمچـە ئۆزگەرتەلمەيمـەن⑤ ، مـەن پەقـەت مـاڭا قىلىنغـان ۋەھيىگـىلا ئەگىشــىمەن. ئەگــەر مــەن پەرۋەردىگارىمغــا ئاســىيلىق قىلســام، ئەلۋەتتــە، بۈيـۈك بىـر كۈننىـڭ (يەنـى قىيامـەت كۈنىنىـڭ) ئازابىدىـن قورقىمەن⑥ » دېگىن [15].*

① بـۇ مەككىدىكـى كاپىرلارغـا بېرىلگـەن ئاگاھلاندۇرۇشـتۇر، يەنـى سـىلەرمۇ ئىلگىرىكـى ئۈممەتلەرگـە ئوخشـاش ھالاكەتكـە دۇچـار بولـۇپ قالىسـىلەر.

② ﴿خَلَٓـٰئِفَ﴾ «خَلِيْفَةٌ»نىـڭ كۆپلـۈك شـەكلى بولـۇپ، مەنىسـى: ئىلگىرىكـى ئۈممەتلەرنىڭ ئورۇنباسارى ياكى بىر-بىرىنىڭ ئورۇنباسارى دېمەكتۇر.

③ يەنـى ئۇلارغـا ئاللاھ تائالانىـڭ ئىلاھلىقـى ۋە يەككە-يېگانـە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنسا.

④ يەنى بـۇ قۇرئاننىـڭ ئورنىغـا باشقا بىـر قۇرئـان كەلتۈرگـىن ياكـى بـۇ قۇرئاننى بىزنىڭ خاھىشىمىز بويىچە ئۆزگەرتىپ بەرگىن، دەيدۇ.

⑤ يەنى مېنىـڭ قولۇمدىـن بۇنىـڭ ھېچقايسىسـى كەلمەيـدۇ، مەنـدە ئۇنـى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى يوق.

⑥ بۇنى تېخىمـۇ تەكىتلـەپ دېدىكـى، مـەن پەقـەت ئاللاھ تەرەپتىـن مـاڭا نازىـل قىلىنغـان ۋەھيىگـىلا ئەگىشىمەن، ئەگـەر مـەن ئۇنىڭغا بىـر نەرسىنى

قوشسام ياكى ئېلىۋەتسەم، ئەلۋەتتە، بۈيۈك بىر كۈننىڭ يەنى قىيامەتنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمەن.

قُل لَّوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا تَلَوْتُهُۥ عَلَيْكُمْ وَلَآ أَدْرَىٰكُم بِهِۦ ۖ فَقَدْ لَبِثْتُ فِيكُمْ عُمُرًا مِّن قَبْلِهِۦٓ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٦﴾ فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿١٧﴾

*«ئەگەر ئاللاھ ئىرادە قىلسا ئىدى، سىلەرگە ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، ئاللاھمۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى①. ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن) ئىلگىرى ئۇزۇن زامان تۇردۇم، (مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى بىلىشكە) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟②» دېگىن [16]. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ گۇناھكارلار ھەرگىز بەختسائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ [17].*

① يەنى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، مەن سىلەرگە نە قۇرئاننى تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، نە سىلەرگە ھېچنەرسە بىلدۈرۈلمەس ئىدى. ﴿أَدْرَىٰكُم﴾نىڭ مەنىسى «أَعْلَمَكُمْ بِهِ عَلَى لِسَانِيْ» مېنىڭ تىلىم ئارقىلىق سىلەرگە قۇرئاندىن ھېچنەرسىنى بىلدۈرمەس ئىدى.

② مەن پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى قىرىق يىلنى سىلەر بىلەن ئۆتكۈزدۈم، سىلەر بۇنى ئوبدان بىلىسىلەر. مەن بىرەر ئۇستازدىن بىر نەرسە تەلىم ئالمىدىم، سىلەرمۇ مېنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىمگە قايىل بولۇپ كەلدىڭلار، ئەمدىلىكتە مېنىڭ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇشۇم مۇمكىنمۇ؟ دېمەك قۇرئان پەقەت ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتاب، مەن ئۇنى نە بىر كىشىدىن ئاڭلىغىنىم ياكى ئۆگەنگىنىم يوق، نە يالغاننى ئاللاھقا

مەنسۇپ قىلغىنىم يوق.

وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡ وَيَقُولُونَ
هَٰٓؤُلَآءِ شُفَعَٰٓؤُنَا عِندَ ٱللَّهِۚ قُلۡ أَتُنَبِّـُٔونَ ٱللَّهَ بِمَا لَا يَعۡلَمُ فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿١٨﴾ وَمَا كَانَ
ٱلنَّاسُ إِلَّآ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ فَٱخۡتَلَفُواْۚ وَلَوۡلَا كَلِمَةٞ سَبَقَتۡ مِن رَّبِّكَ
لَقُضِيَ بَيۡنَهُمۡ فِيمَا فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١٩﴾

*ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ①، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ②، «بۇلار (يەنى بۇتلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ③، ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھ بىلمەيدىغان قالغان بىر نەرسە (يەنى ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، سىلەر ئۇنى ئاللاھقا ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟④ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۇكسەكتۇر⑤ [18]. ئىنسانلار (ئەسلىدە) بىر ئۇممەت (بىر دىندا) ئىدى. كېيىن ئۇلار (دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ) بۆلۈنۈپ كەتتى⑥. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىنئالا ئېيتقان سۆزى (يەنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەقدىرى) بولمىسا ئىدى، ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى⑦ (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا جازا بېرىلەتتى) [19].*

① يەنى مۇشرىكلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتكەن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئاللاھقىمۇ ئىبادەت قىلاتتى ۋە ئاللاھتىن غەيرىيگە ھەم ئىبادەت قىلاتتى.

② مەبۇدتا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ ئىتائەت قىلغانلارغا مۇكاپات ۋە بويسۇنمىغانلارغا جازا بېرىشكە قادىر

بولۇشتۇر.

③ يەنى ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئارقىلىق بىزنىڭ تەلەپلىرىمىز ئورۇندىلىدۇ، ئىشلىرىمىز تۈزىلىدۇ، دۈشمىنىمىزنىڭ سۇيىقەستلىرى بەربات قىلىنىدۇ. يەنى مۇشرىكلارمۇ ئۆزلىرى ئىبادەت قىلىدىغان ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلىرىنى پايدا-زىيان يەتكۈزۈشتە مۇستەقىل ھوقۇققا ئىگە دەپ قارىمايتتى، بەلكى ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە دەپ قارايتتى.

④ يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ شېرىكى بارلىقىنى ياكى ئۆزىنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت قىلغۇچىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەي قالغانمۇ؟ مۇشرىكلار ئاللاھ تائالاغا بۇ ئىشنى خەۋەر قىلىپ، بىلدۈرۈپ قويماقچىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

⑤ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بەردى، يەنى مۇشرىكلار ئېيتقان بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.

⑥ يەنى شېرىك بولسا كىشىلەر ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسە بولۇپ، ئىلگىرى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ھەممە كىشىلەر پەقەت بىر دىن ۋە بىر يولدا يەنى ئىسلام دىنىدا ئىدى، ئۇنىڭ مۇھىم ئاساسى تەۋھىد يەنى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىدى، ھەممە كىشى ئاللاھنىڭ بىرلىكىدە ئىتتىپاق بولۇپ، ئىختىلاپ قىلىشمايتتى. كىشىلەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە كەلگۈچە مەزكۇر تەۋھىد ئېتىقادىدا ئىزچىل تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنىمۇ مەبۇد، ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ۋە مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى.شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مۇئمىن ۋە كاپىر دەپ ئايرىلدى.

⑦ يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ پاكىت تۇرغۇزۇشتىن ئىلگىرى جازالىماسلىقتىن ئىبارەت قارارى بولمىسا ئىدى، شۇنىڭدەك يەنە مەخلۇقاتلارغا مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، شەكسىزكى، ئىختىلاپ قىلىشقانلارنىڭ ئارىسىدا ئاللىقاچان ھۆكۈم چىقىرىپ، مۇئمىنلەرنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگەن ۋە كاپىرلارنى ئازاب ۋە مۇشەققەتكە مۇپتىلا قىلىپ بولغان بولاتتى.

وَيَقُولُونَ لَوْلَآ أُنزِلَ عَلَيْهِ ءَايَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ ۖ فَقُلْ إِنَّمَا ٱلْغَيْبُ لِلَّهِ
فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّى مَعَكُم مِّنَ ٱلْمُنتَظِرِينَ ﴿٢٠﴾ وَإِذَآ أَذَقْنَا ٱلنَّاسَ رَحْمَةً
مِّنۢ بَعْدِ ضَرَّآءَ مَسَّتْهُمْ إِذَا لَهُم مَّكْرٌ فِىٓ ءَايَاتِنَا ۚ قُلِ ٱللَّهُ أَسْرَعُ
مَكْرًا ۚ إِنَّ رُسُلَنَا يَكْتُبُونَ مَا تَمْكُرُونَ ﴿٢١﴾

***ئۇلار (يەنى مەككىلىك كاپىرلار): «نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى» دەيدۇ①. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەيب (نى بىلىش) پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر② (مۆجىزىلەرنى ئاللاھ كەلتۈرىدۇ، مەن پەقەت دەۋەت قىلغۇچىمەن)، ئەمدى سىلەر (ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتكۈچىلەردىنمەن» [20]. ئىنسانلارغا زىيان - زەخمەت يەتكەندىن كېيىن، (بىز تەرەپتىن) بىرەر رەھمەت )نىڭ تەمى) نى تېتىتسىپ قويساق③، ئۇلار (مەغرۇرلىنىپ) بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ھەققىدە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشكە (يەنى ئىنكار قىلىشقا) ئالدىرايدۇ④. ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھىيلە - مىكىرگە ئەڭ تېز جازا بەرگۈچىدۇر⑤». شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلىرىمىز) قىلىۋاتقان ھىيلە - مىكىرلىرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ [21].***

① يەنى ئاللاھ تائالا سەمۇد قەۋمىگە تۆگىنى مۆجىزە قىلىپ كۆرسەتكەندەك، نېمىشقا مۇھەممەدكە چوڭ ۋە روشەن بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟ دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگىمۇ بىرەر كاتتا مۆجىزە كۆرسىتىشنى يەنى سەفا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ياكى مەككىنىڭ تاغلىرىنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنىغا ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى بىنا قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

② يەنى ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە ئاساسەن مۆجىزە كەلتۈرۈپ كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. لېكىن ئەگەر ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ئىمان ئېيتمىسا، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن يۈرگۈزۈپ قانۇنىيىتى بويىچە ئۇنداق قەۋمنى دەرھال ھالاك قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ

ئۇچۇن قايسى قەۋمگە ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە مۆجىزە ئاتا قىلىش پايدىلىق ياكى پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قايسى قەۋمگە تەلەپ قىلغان مۆجىزە كەلتۈرۈلمىگەن ئەھۋالدا، قانچىلىك مۆھلەت بېرىشنىمۇ پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن كېيىنكى ئايەتتە: ﴿سىلەر (ئاللاھنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى) كۈتۈڭلار، شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن (شۇنى) كۈتكۈچىلەردىنمەن﴾ دېدى.

③ زىيان-زەخمەتتىن كېيىنكى رەھمەت ۋە نېمەت دېگەن قىيىنچىلىقتىن كېيىنكى ئاسانلىق، قاتتىقچىلىقتىن كېيىنكى مەمۇرچىلىق ۋە قۇرغاقچىلىقتىن كېيىنكى يامغۇرنى كۆرسىتىدۇ.

④ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇلار بىز ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى قەدىرلىمەيدۇ، ئۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر ئادا قىلمايدۇ، بەلكى كۇفۇرلۇق ۋە شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن تۆزكورلۇق قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە جاۋابەن مىكىر ئىشلەتكەنلىكىدۇر.

⑤ يەنى ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭكىدىن تېز ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاشقا قادىر، خالىغان چاغدا جازالىيالايدۇ. ئەگەر خالىسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىمۇ جازالايدۇ ياكى ئۆزىنىڭ ھېكمەت-ئىرادىسى بويىچە كېچىكتۈرۈپمۇ جازالايدۇ. «مىكىر» ئەرەب تىلىدا مەخپىي پىلان، تەدبىر، يىراقنى كۆزلەپ تۈزۈلگەن لايىھە دېگەن مەنىدە، بۇ سۆز ياخشى ئىش ئۈچۈنمۇ، يامان ئىش ئۈچۈنمۇ (يەنى ئىجابىي ۋە سەلبىي مەنىدىمۇ) ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە ئاللاھنىڭ جازاسى «مىكىر» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەندى.

هُوَ ٱلَّذِى يُسَيِّرُكُمۡ فِى ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِۖ حَتَّىٰٓ إِذَا كُنتُمۡ فِى ٱلۡفُلۡكِ
وَجَرَيۡنَ بِهِم بِرِيحٖ طَيِّبَةٖ وَفَرِحُواْ بِهَا جَآءَتۡهَا رِيحٌ عَاصِفٞ
وَجَآءَهُمُ ٱلۡمَوۡجُ مِن كُلِّ مَكَانٖ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمۡ أُحِيطَ بِهِمۡ دَعَوُاْ ٱللَّهَ
مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ لَئِنۡ أَنجَيۡتَنَا مِنۡ هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ
ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٢٢﴾

***ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا سەپەر قىلدۇرىدىغان زاتتۇر①، سىلەر كېمىلەردە بولغان، كېمىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى يولۇچىلارنى ئېلىپ مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە يولۇچىلار (بۇ) شامالدىن خۇشاللىنىۋاتقان ئەسنادا، بىردىنلا كېمىگە قاتتىق بوران كېلىدۇ، ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن دولقۇنلار كېلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزم قىلىدۇ②، (شۇ چاغدا چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ): «ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتقۇزساڭ، بىز چوقۇم (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ③ [22].***

① ﴿يُسَيِّرُكُمْ﴾ ئاللاھ سىلەرنى ماڭدۇرىدۇ ياكى سەير قىلدۇرىدۇ ياكى سەير ۋە سەپەر قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، يەنى «قۇرۇقلۇقتا» ئاللاھ تائالا سىلەرگە بەرگەن پۇت بىلەن ماڭىسىلەر ۋە ئاتا قىلغان ئۇلاغلارنى مىنىپ سەپەر قىلىسىلەر. «دېڭىزدا» بولسا ئاللاھ تائالا سىلەرگە كېمە ۋە پاراخوتلارنى ياسايدىغان ئەقىل ۋە ئىلىم بەردى، سىلەر شۇ ئەقىل ۋە ئىلىم بىلەن كېمە ۋە پاراخوتلارنى ياسايسىلەر ۋە ئۇلارغا ئولتۇرۇپ دېڭىزلاردا سەپەر قىلىسىلەر.

② ﴿أُحِيطَ بِهِمْ﴾نىڭ مەنىسى شۇكى، دۈشمەنلەر بىر قەۋم ياكى شەھەرنى قورشىۋالغاندا، ئۇ قەۋمنىڭ تەقدىرى دۈشمەنلەرنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە باغلىق بولۇپ قالغاندەك، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ۋە قاتتىق بوران-چاپقۇنلار ئىچىدە قالغاندا، ئۆلۈم ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنىدۇ.

③ يەنى ئۇلار ئادەتتىكى ئەھۋالدىكىدەك ئاللاھتىن باشقىنى دۇئاغا قوشۇۋالمايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇلار بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۇلۇغلاپ، «بۇ بۇزرۇكۋارلارمۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغىمۇ ئىقتىدار ۋە ئىمتىياز ئاتا قىلغان، بىز پەقەت ئۇلار ئارقىلىقلا ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى ئىستەيمىز»، دەيدۇ، ئەمما ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە قالغاندا بولسا، مەزكۇر شەيتانىي پەلسەپىلەرنى ئۇنتۇيدۇ، پەقەت بىر ئاللاھىلا يادىغا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭغىلا ئىلتىجا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بىر ئاللاھقا يېلىنىش تۇيغۇسى ئەزەلدىن بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئىنسان ئۆز

ئەتراپىدىكى شەرت-شارائىتتىن تەسىرلەنگەندە بۇ تەبىئىي تۇيغۇ ئاجىزلىشىدۇ، لېكىن قاتتىق مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلگەندە بۇ تۇيغۇ كۈچىيىدۇ ۋە ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، تەۋھىد ئىنسان تەبىئىتىدە ئەزەلدىن بار نەرسە بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كېتىش تەبىئىيلىكتىن، ئۆز ئەسلىدىن بۇرۇلۇپ كەتكەنلىك بولىدۇ، بۇ ئوچۇق-ئاشكارا گۇمراھلىقتۇر. بۇنىڭدىن يەنە بىر ئۇقۇم مەلۇم بولدىكى، مۇشرىكلار مۇشۇنداق قاتتىق دىشۋارچىلىققا يولۇققاندا ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان باتىل مەبۇدلىرىغا ئىلتىجا قىلماي، يالغۇز ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلاتتى. بۇنىڭ بىر مىسالى ئەبۇ جەھلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەسىدە ئايان بولىدۇ، ئۇ مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى مەككىدىن قاچىدۇ، يىراق جايلارغا كېتىش ئۈچۈن كېمىگە چىقىدۇ، كېمىدە كېتىۋېتىپ قاتتىق بورانلىق دولقۇنغا دۇچ كېلىدۇ. كېمىچى كېمىدىكىلەرگە خىتاب قىلىپ، بىر ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، بۈگۈن بۇ بالادىن بىزنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، دەيدۇ. ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن، دېڭىزدا نىجاتلىق ئاتا قىلغۇچى پەقەت بىر ئاللاھ بولسا، قۇرۇقلۇقتا نىجاتلىق بېرىدىغانمۇ جەزمەن شۇ بىر ئاللاھ، بۇ دەل مۇھەممەد چاقىرىۋاتقان ئاللاھ ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلىدىم. ئاندىن ئەگەر مەن بۇ بالا-قازادىن سالامەت قۇتۇلسام، مەككىگە قايتىپ بېرىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىمەن دەپ قەسەم ئىچتىم». ئۇ دېڭىزنى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۇسۇلمان بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن. (سۈنەنى نەسائى، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2683-ھەدىس، ئالبانىي سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 1723-ھەدىس)

فَلَمَّآ أَنجَىٰهُمۡ إِذَا هُمۡ يَبۡغُونَ فِى ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۗ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ
إِنَّمَا بَغۡيُكُمۡ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۖ مَّتَٰعَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ ثُمَّ إِلَيۡنَا
مَرۡجِعُكُمۡ فَنُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٢٣ إِنَّمَا مَثَلُ ٱلۡحَيَوٰةِ
ٱلدُّنۡيَا كَمَآءٍ أَنزَلۡنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخۡتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلۡأَرۡضِ مِمَّا
يَأۡكُلُ ٱلنَّاسُ وَٱلۡأَنۡعَٰمُ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذَتِ ٱلۡأَرۡضُ زُخۡرُفَهَا وَٱزَّيَّنَتۡ

وَظَنَّ أَهْلُهَآ أَنَّهُمْ قَٰدِرُونَ عَلَيْهَآ أَتَىٰهَآ أَمْرُنَا لَيْلًا أَوْ نَهَارًا فَجَعَلْنَٰهَا حَصِيدًا كَأَن لَّمْ تَغْنَ بِٱلْأَمْسِ ۚ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٤﴾

*ئاللاھ ئۇلارنى (ئۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ①. ئى ئىنسانلار! بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ ۋابالى پەقەت ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ②، (سىلەر) بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن (يەنى ئۇنىڭ ئۆتكۈنچى نېمەتلىرىدىن ئاز ـ تولا) بەھرىمەن بولىسىلەر (بۇنىڭ ھەسرىتى ئاخىرەتكە قالىدۇ). ئاندىن سىلەرنىڭ قايتىدىغان جايىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. شۇ چاغدا بىز سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمىز [23]. دۇنيا ھاياتىنىڭ مىسالى (تېز ئۆزگىرىشىدە، نېمەتلىرىنىڭ ئۆتكۈنچى بولۇشىدا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇر بولۇشىدا) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن (يامغۇر) سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى (ئۈنۈپ چىقىپ) بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزم قىلىپ تۇرغان چاغدا، ئۇشتۇمتۇت كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا ئەمرىمىز (قازايىمىز، ئاپىتىمىز) يېتىپ ـ دە، ئۇنى (يەنى زىرائەتلەرنى) تۈنۈگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەكلا، (يىلتىزىدىن) ئورۇپ تاشلانغان بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)③. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز [24].*

① بۇ يۇقىرىدىكى 12-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىنساننىڭ نېمەتنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ناشۈكۈرلۈك ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتا قۇرئان كەرىمدە باشقا بىر نەچچە ئورۇندا بايان قىلىنغان.

② يەنى سىلەر تۆت كۈنلۈك ھاياتلىقتىن پايدىلىنىپ، تۇزكورلۇق ۋە بويۇنتاۋلۇق قىلىۋاتىسىلەر، ھامىنى بىر كۈنى سىلەر بىزنىڭ

دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر، بىز سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمىز، يەنى قىلمىشىڭلارغا ئاساسەن جازالايمىز ياكى مۇكاپاتلايمىز.

③ ﴿حَصِيْدًا﴾ بۇ سۆز "فَعِيْلٌ" ۋەزنىدە "مَفْعُوْلٌ" يەنى "مَحْصُوْدٌ" مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، زىرائەتلىرى ئورۇۋېتىلگەن، ھېچنېمە قالمىغان بىر ئېتىزلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا دۇنيا ھاياتىنى مۇشۇنداق بىر زىرائەتكە ئوخشىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەس، بەلكى ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ھەم باقاسىزلىقىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. ئايان بولدىكى، زىرائەتمۇ يامغۇر سۈيىدە كۆكلەپ ئۆسىدۇ، زېمىن ياپ-يېشىل گۈزەل تۈسكە كىرىدۇ، ئەمما زىرائەتلىرى ئورۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئىلگىرى ھېچنەرسە يوقتەك قۇرۇق زېمىن بولۇپ قالىدۇ. دۇنيا ھاياتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش باقاسىزدۇر.

وَٱللَّهُ يَدۡعُوٓاْ إِلَىٰ دَارِ ٱلسَّلَٰمِ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ
مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٢٥﴾ ۞ لِّلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ ٱلۡحُسۡنَىٰ وَزِيَادَةٞۖ وَلَا يَرۡهَقُ وُجُوهَهُمۡ
قَتَرٞ وَلَا ذِلَّةٌۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٦﴾
وَٱلَّذِينَ كَسَبُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ جَزَآءُ سَيِّئَةِۭ بِمِثۡلِهَا وَتَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۖ مَّا
لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِنۡ عَاصِمٖۖ كَأَنَّمَآ أُغۡشِيَتۡ وُجُوهُهُمۡ قِطَعٗا مِّنَ
ٱلَّيۡلِ مُظۡلِمًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٧﴾

***ئاللاھ (بەندىلىرىنى) ئامانلىق يۇرتىغا (يەنى جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ [25]. (تائەت - ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغانلار ئەڭ ياخشى مۇكاپاتقا (جەننەتكە) ۋە يەنە زىيادىسىگە (ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە) نائىل بولىدۇ①، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم - قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [26]. (دۇنيادا) يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار بولسا، (قىلغان يامانلىقىغا) ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا تارتىلىدۇ②، ئۇلارنى خارلىق قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتىن (كېلىدىغان***

***ئازابتىن) قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ③، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ④، ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [27].***

① بۇ ئايەتتىكى ﴿زِيَادَةٌ﴾ «زىيادىسى» دېگەن سۆزنىڭ بىر نەچچە مەنىسى بار بولۇپ، ھەدىستە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش دەپ تەپسىر قىلىنغان، «جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرگەن چاغدا، ئاللاھ تەرىپىدىن بىر جاكارچى: ئى جەننەت ئەھلى! چوقۇم سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدە قىلغان مۇكاپاتى بار، ئاللاھ ئۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ مۇكاپاتنى تولۇق بېرىشنى خالايدۇ، دەپ جاكارلايدۇ. جەننەت ئەھلى: بىزگە قىلغان ئۇ ۋەدە قايسى؟ ئاللاھ بىزنىڭ ياخشى ئەمەل تارازىمىزنى ئېغىر ۋە يۈزلىرىمىزنى نۇرانە قىلمىدىمۇ؟ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ دوزاختىن قۇتقۇزمىدىمۇ؟ دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جامالىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جەننەت ئەھلى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق كۆڭۈل خۇرسەن بولىدىغان ئېسىل نېمەت بولمايدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 181 ـ ھەدىس)

② ئالدىنقى ئايەتتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى نەچچە ھەسسە زىيادە بېرىلىدىغانلىقى يەنە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى، بۇ ئايەتتە يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش يامان) قاتتىق جازا (بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدى. ﴿السَّيِّاٰتِ﴾ كۇفرى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە باشقا گۇناھلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ مۇئمىنلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇتۇلدۇرغۇچىسى ئاللاھ تائالا بولغاچقا، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ خاس مەرھەمىتىنى ياغدۇرىدۇ، يەنە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ خاس بەندىلىرىگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

④ بۇ مىسال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ نەقەدەر قارىيىپ كېتىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە مۇئمىنلەرنىڭ يۈزلىرى ئاپئاق بولۇپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق

دەيدۇ: ﴿شۇ كۈنــدە (يەنــى قــيامــەت كۈنــدە) بــەزى يۈزلــەر (يەنــى مۆئمىنلەرنىــڭ يۈزلــىرى) ئاقىرىــدۇ، بــەزى يۈزلــەر (يەنــى كۇففارلارنىــڭ يۈزلــىرى) قارىيــدۇ﴾. (سۈرە ئەبەســە، 38ـ دىــن 41 ـ ئايەتكىچــە، يەنــە سۈرە قىيامەتتىمۇ شۇنداق كەلگەن)

وَيَـوۡمَ نَحۡشُرُهُـمۡ جَمِيعًـا ثُـمَّ نَقُـولُ لِلَّذِيـنَ أَشۡرَكُـواْ مَكَانَكُـمۡ أَنتُـمۡ
وَشُرَكَآؤُكُـمۡۚ فَزَيَّلۡنَـا بَيۡنَهُـمۡۖ وَقَـالَ شُرَكَآؤُهُـم مَّـا كُنتُـمۡ إِيَّانَـا
تَعۡبُـدُونَ ٢٨ فَكَـفَىٰ بِـٱللَّهِ شَـهِيدَۢا بَيۡنَنَـا وَبَيۡنَكُـمۡ إِن كُنَّـا عَـنۡ
عِبَادَتِكُمۡ لَغَٰفِلِينَ ٢٩ هُنَالِـكَ تَبۡلُـواْ كُلُّ نَفۡسٖ مَّـآ أَسۡلَفَتۡۚ وَرُدُّوٓاْ
إِلَى ٱللَّهِ مَوۡلَىٰهُمُ ٱلۡحَقِّۖ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ٣٠

***شــۇ (قىيامــەت) كۈنــدە (خالايىقنىــڭ) ھەممىســىنى يىغىمىــز①، ئانــدىــن مۇشــرىكلارغا: «ســىلەر (ئاللاھقــا) شــېرىك كەلتۈرگــەن نەرســىلىرىڭلار بىلــەن ئورنــۇڭلاردا جىم تــۇرۇڭلار» دەپ، ئۇلارنــى بىــر ـ بىرىدىــن ئايرىۋېتىمىــز②، شــۇنىڭ بىلــەن ئۇلارنىــڭ شــېرىك كەلتۈرگــەن نەرســىلىرى ئېيتىــدۇ: «ســىلەر بىزگــە چوقۇنمايتتىــڭلار (بەلكــى نەپســى خاھىشــىڭلارغا چوقۇناتتىــڭلار)③ [28]. ســىلەر بىلــەن بىزنىــڭ ئارىمىــزدا گــۇۋاھ بولۇشــقا ئاللاھ كۇپايىدۇركــى، سىلەرنىڭ (بىزگــە) چوقۇنغانلىقىڭلاردىــن بىــز ھەقىقەتــەن غاپىــل (خەۋەرسىــز) ئىــدۇق④» [29]. ئەنــە شــۇ ماقامــدا (يەنــى قىيامــەت كۈنــدە) ھەربىــر جــان ئىلگىــرى قىلغــان ئەمەللىرىدىــن خــەۋەر تاپىــدۇ⑤ (يەنى ياخشــىمۇ ـ يامانمــۇ، ئۇنىــڭ نەتىجىســىنى كۆرىدۇ)، ئــۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىــي ئىگىســى ـــ ئاللاھنىــڭ دەرگاھىغــا قايتۇرۇلــىدۇ، ئۇلارنىــڭ ئويدۇرغــان نەرســىلىرى (شــاپائەتچىلىرىمىز دەپ دەۋا قىلغــان مەبۇدلىرى) كۆزلىرىدىن غايىب بولىدۇ⑥ [30].***

① بۇ يەردىكى ﴿جَمِيعًا﴾ «ھەممىسى» دىگەن سۆز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تاكى قىيامەتكىچە ئۆتكەن ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن بولغان بارلىق زىمىن ئەھلىنى كۆرسىتىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى توپلايدۇ.

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (ھېساب مەيدانىغا) يىغىمىز، ئۇلاردىن ھېچكىمنى قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾. (سۈرە كەھف 47-ئايەت)

② مۇئمىنلەرنى مۇشرىكلاردىن بىر تەرەپكە ئايرىۋېتىمىز، يەنى مۇئمىنلەر ۋە كاپىرلار، مۇشرىكلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾. (سۈرە ياسىن 59-ئايەت) ﴿بۇ كۈندە ئۇلار (نىڭ بىر پىرقىسى جەننەتكە، بىر پىرقىسى جەھەننەمگە) ئايرىلىدۇ﴾. (سۈرە رۇم 43-ئايەت) يەنى ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ . (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى مۇناسىۋەتتى بۇزۇلىدۇ، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئادا-جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان مەبۇدلىرى شۇنى ئىنكار قىلىپ ئېيتىدۇكى، بىز سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنغانلىقىڭلارنى، مەدەت تىلەپ چاقىرغانلىقىڭلارنى ۋە بىزگە ئاتاپ نەزىر-چىراق قىلغانلىقىڭلارنى بىلمەيتتۇق ھەم بىلەلمەيتتۇق.

④ ئىنكار قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىز سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرسىز ئىدۇق يەنى بىلمەيتتۇق. ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولساق، ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ كۇپايىدۇر. ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى بار جايدا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتقا ئورۇن قالمايدۇ. بۇ ئايەت شۇنداق بىر نۇقتىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردىكى، مۇشرىكلار مەدەت تىلەپ چاقىرىدىغان مەبۇدلار پەقەت تاشتىن ياسالغان ھەيكەل بولماستىن، بەلكى ئىلگىرى ئۆتكەن ئەقلى-ھوشى بار كىشىلەر ئىدى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساپ، چوقۇنۇشقا باشلىغان ئىدى. (بۈگۈنكى قەبرىگە چوقۇنغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جايىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئايەتلەرنى پەقەت بۇتلارغا چوقۇنۇشقىلا قارىتىلغان دەپ دەۋا قىلىدۇ) بۇ خۇددى سەھىھۇل بۇخارىدا بايان قىلىنغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشى كىشىلەرنى ئەسلەپ تۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ ئېسىپ قويغان ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلىغان، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇ ھەيكەللەرگە چوقۇنغانلىقىغا ئوخشاشتۇر. بۇ ئايەتتىن يەنە بىر نۇقتا ئايان بولدىكى، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، گەرچە ئۇ ھەر قانچە ياخشى ئادەم بولسىمۇ، ھەتتا پەيغەمبەر بولسىمۇ، بۇ دۇنيادا

بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئىخلاسمەنلىرى ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن، نەزىر-چىراغ قىلسۇن ياكى ئۇنىڭ قەبرىسى بېشىدا ھەرقانداق بىر مۇراسىم ئۆتكۈزسۇن، قەبرىدىكى ئۆلۈك ئۇ ئىشلارنى بىلمەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ ئۆلۈكلەر ئەنە شۇنداق قىلمىشلارنىڭ ھەممىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە ئەھقابنىڭ 5-، 6-ئايەتلىرىدىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

⑤ ئۇ يەردە ھەربىر جان ئىگىسى ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ يەنى مۇكاپاتقا ياكى جازاغا لايىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئېرىشكەن نەتىجىنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ.

⑥ يەنى ئۇلارنىڭ شاپائەت قىلىدۇ دەپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ. ھېچقانداق بىر مەبۇد ۋە «ھاجەت راۋا قىلغۇچى، شاپائەتچى» ئۇ يەردە ئەسقاتمايدۇ. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ مۇشكۈللىرىنى ئاسان قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ ٱلسَّمْعَ
وَٱلْأَبْصَٰرَ وَمَن يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ ٱلْمَيِّتَ مِنَ
ٱلْحَىِّ وَمَن يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ ۚ فَسَيَقُولُونَ ٱللَّهُ ۚ فَقُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٣١﴾
فَذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمُ ٱلْحَقُّ ۖ فَمَاذَا بَعْدَ ٱلْحَقِّ إِلَّا ٱلضَّلَٰلُ ۖ فَأَنَّىٰ
تُصْرَفُونَ ﴿٣٢﴾ كَذَٰلِكَ حَقَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ فَسَقُوٓا۟ أَنَّهُمْ
لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٣﴾

*(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) ۋە زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيەتلىرىنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىكنى ئۆلۈكتىن، ئۆلۈكنى تىرىكتىن كىم چىقىرىدۇ؟ (كائىناتنىڭ) ئىشىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟». ئۇلار (جاۋاب بېرىپ چوقۇم): «ئاللاھ» دەيدۇ①. ئېيتقىنكى، «ئۇنداقتا، (ئاللاھتىن*

***غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟ [31]. ئەنە شۇ (يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) ئاللاھ سىلەرنىڭ ھەقىقىي رەببىڭلاردۇر. ھەقىقەتتىن باشقىسى پەقەتلا گۇمراھلىقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداقمۇ (ئىماندىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟»② [32]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى «ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ» دېگەن سۆزى (يەنى ھۆكمى) مانا شۇنداق راست بولۇپ چىقتى③ [33].***

① بۇ ئايەتتىنمۇ ئايان بولىدىكى، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، ھەممىنىڭ ئىگىسى، ياراتقۇچىسى، پەرۋەردىگارى ۋە باشقۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىغا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالاتتى، شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جەھەننەمگە يېقىلغۇ قىلدى. بۈگۈنكى بىر قىسىم شېرىك ئەقىدىگە گىرىپتار بولغانلارمۇ ئاللاھنى ئىلاھلىقتا بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. (ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەت قىلسۇن)

② يەنى سىلەر ئۆزۈڭلار ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى، رەببى، پەرۋەردىگارى دەپ ئېتىراپ قىلغان ئاللاھ ھەقىقىي مەبۇددۇر. سىلەر بۇ مەبۇدنى قويۇپ باشقا مەبۇد ياساپ ئاۋارە بولامسىلەر؟ بۇ قىلمىشىڭلار گۇمراھلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىلەر نېمىشقا بۇنى چۈشەنمەيسىلەر؟ سىلەر نەدە تېڭىرقاپ يۈرىسىلەر؟

③ يەنى بۇ مۇشرىكلار ھەممىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى تاشلىمىدى. بۇنىڭدىن رەببىڭنىڭ «ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئايان بولدى. چۈنكى بۇلار ئۆزلىرى خاتا يولنى تاشلاپ، توغرا يولغا كىرىشنى خالىمىسا، ئىمان ۋە ھىدايەت ئۇلارغا قانداقمۇ نېسىپ بولسۇن؟ بۇ نۇقتىنى ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلغان: ﴿(كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ دېگەن) ئازاب ھۆكمى (بىزدەك) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ﴾. (سۈرە زۇمەر 71ـ ئايەت)

قُلۡ هَلۡ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥۚ قُلِ ٱللَّهُ
يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥۖ فَأَنَّىٰ تُؤۡفَكُونَ ﴿٣٤﴾ قُلۡ هَلۡ مِن شُرَكَآئِكُم
مَّن يَهۡدِيٓ إِلَى ٱلۡحَقِّۚ قُلِ ٱللَّهُ يَهۡدِي لِلۡحَقِّۗ أَفَمَن يَهۡدِيٓ إِلَى ٱلۡحَقِّ
أَحَقُّ أَن يُتَّبَعَ أَمَّن لَّا يَهِدِّيٓ إِلَّآ أَن يُهۡدَىٰۖ فَمَا لَكُمۡ كَيۡفَ
تَحۡكُمُونَ ﴿٣٥﴾ وَمَا يَتَّبِعُ أَكۡثَرُهُمۡ إِلَّا ظَنًّاۚ إِنَّ ٱلظَّنَّ لَا يُغۡنِي مِنَ
ٱلۡحَقِّ شَيۡـًٔاۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِمَا يَفۡعَلُونَ ﴿٣٦﴾

***(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا، سىلەر نېمىشقا (ھەقتىن باتىل تەرەپكە) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟① « [34]. ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ (ئاللاھقا قوشۇۋالغان) شېرىكلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلىرى بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ،② ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زات بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ياكى ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان (نەرسىلەر) بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ③؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقسىغا مۇنداق (باتىل) ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟④» [35]. ئۇلارنىڭ تولىسى پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ (يەنى پەرەزگىلا تايىنىدۇ)، گۇمان (پەرەز) دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ⑤. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر⑥ [36].***

① مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىكى ھاماقەتلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلاردىن سورىلىۋاتىدۇ: ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەر كائىناتنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلىپ، ياراتقانمۇ؟ ياكى ئۇنى يوق قىلىپ، قايتا يارىتىشقا قادىرمۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە قادىر ئەمەس. كائىناتنى دەسلەپتە ياراتقۇچىمۇ

ئاللاھ تائالادۇر، قىيامەت كۈنى ھەممە مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرگۈچىمۇ ئەنە شۇ ئاللاھ تائالادۇر. ھەقىقەت شۇ تۇرسا، ئەمدى سىلەر ھىدايەت يولىنى تاشلاپ، يەنە نەلەردە تېڭىرقاپ يۈرىسىلەر؟

② ئازغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدىغان زاتمۇ ۋە دىللارنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەت تەرەپكە بۇرايدىغان زاتمۇ پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا قوشۇۋالغان شېرىكلىرى بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قادىر ئەمەس.

③ يەنى بويسۇنۇشقا كىم ئەڭ لايىق؟ كۆرىدىغان، ئاڭلايدىغان ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلىيالايدىغان زاتمۇ؟ ياكى قارىغۇ ھەم گاچا بولغانلىقتىن باشقىلار يېتىلەپ ماڭمىسا، ئۆزى يولنى تېپىپ ماڭالمايدىغانلارمۇ؟

④ يەنى سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار قەيەرگە كەتتى؟ ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ مەخلۇقلىرىنى قانداقمۇ باراۋەر ئورۇنغا قويىسىلەر؟ ئاللاھ تائالاغا ۋە بۇتلارغا قانداقمۇ بىرلىكتە ئىبادەت قىلىسىلەر؟ بۇ پاكىتلار سىلەردىن بىر ئاللاھنىلا مەبۇد دەپ ئېتىقاد قىلىشنى ۋە بارلىق ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالاغىلا خالىس قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

⑤ لېكىن ئىنسانلار نوقۇل گۇمان ۋە خىيالىي پەرەزلەرگە ئەگىشىدۇ، ھالبۇكى، دەلىل-پاكىتلار ئالدىدا پەرەز، گۇمان ۋە خىيالنىڭ ھېچ قىممىتى بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ﴿الظَّنَّ﴾ دېگەن سۆز ئىشەنچ ۋە گۇمان (پەرەز) دىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەن، بۇ يەردە ئىككىنچى مەنىدە كەلگەن.

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەرسالىقىغا قارىتا جازا بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار دەلىل-ئىسپاتى يوق تۇرۇپمۇ، قۇرۇق پەرەز ۋە گۇمانلارغا ئەگەشتى، ئەقىل بىلەن ئىش قىلمىدى.

وَمَا كَانَ هَـٰذَا ٱلْقُرْءَانُ أَن يُفْتَرَىٰ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَـٰكِن تَصْدِيقَ
ٱلَّذِى بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ ٱلْكِتَـٰبِ لَا رَيْبَ فِيهِ مِن رَّبِّ
ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٣٧﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ فَأْتُوا۟ بِسُورَةٍ مِّثْلِهِۦ وَٱدْعُوا۟

مَنِ ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٣٨ بَلۡ كَذَّبُواْ بِمَا
لَمۡ يُحِيطُواْ بِعِلۡمِهِۦ وَلَمَّا يَأۡتِهِمۡ تَأۡوِيلُهُۥۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِهِمۡۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلظَّٰلِمِينَ ٣٩

*بۇ قۇرئاننىڭ ئاللاھتىن (ۋەھيي كەلمەستىن) باشقىسى تەرىپىدىن توقۇلۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس (باشقىسى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ، چۈنكى قۇرئاننى ھېچ ئىنسان ئىجاد قىلالمايدۇ). ئەكسىچە، (بۇ قۇرئان) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر①، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئەھكاملارنى بايان قىلغۇچىدۇر②، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر③، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر④ [37]. ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار⑤» [38]. ئەكسىچە، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي⑥ ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ⑦ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانغا چىقارغان ئىدى. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن!⑧ [39].*

① قۇرئان كەرىمنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغانلىقى ئۇنىڭ توقۇلغان كىتاب ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى كىتابلارنى چۈشۈرگەن ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

② يەنى بۇ قۇرئان ھالال ۋە ھارام، جايىز ۋە جايىز ئەمەس نەرسىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغۇچىدۇر.

③ قۇرئان كەرىم بايان قىلغان ئەھكاملار، قىسسە-ۋەقەلەر ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردا ھېچ شەك يوقتۇر.

④ بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتكەنكى ۋە كەلگۈسى زامانلارنى بىلدىغان ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

⑤ بارلىق دەلىل ۋە ھەقىقەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە بۇ قۇرئاننى مۇھەممەد توقۇپ چىققان دەپ بىلجىرلىساڭلار، مۇھەممەدمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر. سىلەرنىڭ تىلىڭلارمۇ ئۇنىڭ تىلىغا ئوخشاش ئەرەب تىلى، ئۇ بولسا يالغۇز، سىلەر بولساڭلار كۆپ. ئەگەر سىلەر بۇ قۇرئان مۇھەممەد تەرىپىدىن توقۇلغان دېگەن دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، سىلەرمۇ پۈتۈن دۇنيادىكى پاساھەت ۋە بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەن ئەدىبلەر، ئىلىم ۋە قەلەم ئەھلىنى تويلاپ، بۇ قۇرئاننىڭ كىچىك بىر سۈرىسىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. قۇرئان كەرىم ئېلان قىلغان بۇ جەڭ ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا، ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىدى. بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، قۇرئان كەرىم بىرەر ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئاللاھنىڭ كالامىدۇر.

⑥ يەنى ئۇلار قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماستىن، ئايەتنىڭ مەنىلىرىنى چۈشەنمەستىنلا ئىنكار قىلىشتى.

⑦ يەنى قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە بايان قىلغان ھەقىقەتلەرنى ئۇلار چۈشەنمەستىنلا ئىنكار قىلىشقا باشلىدى ياكى ئۇلار قۇرئان كەرىمنى يېتەرلىك تەتقىق قىلماستىنلا ئىنكار قىلدى. ئەگەر ئۇلار توغرا رەۋىشتە قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلغان ۋە تەتقىق قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار قۇرئاننىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى چۈشەنگەن ۋە ھەقىقەتكە يەتكەن بولاتتى دېمەكتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ﴿تَأْوِيلُهُ﴾ نىڭ مەنىسى قۇرئان كەرىمنىڭ چوڭقۇر بىلىملىرى، سىرلىرى ۋە مەنىلىرىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش دېگەن بولىدۇ.

⑧ بۇ ئايەت كاپىرلارغا ۋە مۇشرىكلارغا بېرىلگەن تەنبىھ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىغا قاراڭلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتىن يانمىساڭلار، سىلەرگە كېلىدىغان ئازابمۇ

ئۇلارغا كەلگەن ئازابتىن پەرقلەنمەيدۇ.

وَمِنْهُم مَّن يُؤْمِنُ بِهِۦ وَمِنْهُم مَّن لَّا يُؤْمِنُ بِهِۦۚ وَرَبُّكَ أَعْلَمُ
بِٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٤٠﴾ وَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل لِّي عَمَلِي وَلَكُمْ عَمَلُكُمْۖ أَنتُم
بَرِيٓـُٔونَ مِمَّآ أَعْمَلُ وَأَنَا۠ بَرِيٓءٌ مِّمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٤١﴾ وَمِنْهُم مَّن
يَسْتَمِعُونَ إِلَيْكَۚ أَفَأَنتَ تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ وَلَوْ كَانُوا۟ لَا يَعْقِلُونَ ﴿٤٢﴾

***ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلارمۇ بار، ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار، پەرۋەردىگارىڭ بۇزغۇنچىلارنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ① [40]. ئەگەر ئۇلار يەنە سېنى يالغانغا چىقارسا: «مېنىڭ قىلغان ئەمەلىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر مېنىڭ قىلغان ئەمەلىمدىن جاۋابكار ئەمەس، مەنمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن جاۋابكار ئەمەس» دېگىن② [41]. ئۇلارنىڭ ئىچىدە (قۇرئان ئوقۇغىنىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، ئەمما سەن گاسلارغا ئۇلار ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىسىمۇ (ئاڭقىرالمىسىمۇ) ئاڭلىتالامسەن؟ (شۇنىڭدەك ئاشۇ مۇشرىكلارنىمۇ ئاللاھ خالىمىسا ھىدايەت قىلالمايسەن)③ [42].***

① ئاللاھ كىمنىڭ ھىدايەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلايدۇ. يەنە كىمنىڭ ئازغۇنلۇققا لايىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئازغۇنلۇق يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئادىلدۇر، ئۇنىڭ ھېچبىر ئىشىدا قىلچە زۇلۇم تېپىلمايدۇ، كىم نېمىگە لايىق بولسا، ئۇنىڭغا شۇنى بېرىدۇ.

② يەنى شۇنداق كۆپ دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، چۈشەندۈرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەنە ئىنكار قىلىشتىن باش تارتمىسا، ئۇلارغا: مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت دەۋەت قىلىش ۋە يەتكۈزۈپ قويۇش ئىدى، مەن ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولدۇم، ئەمدى مەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارغا جاۋابكار ئەمەس، سىلەرمۇ مېنىڭ قىلغان ئەمەلىمگە جاۋابكار ئەمەس، ھەممىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا جەم بولىمىز، ئۇ يەردە ھەربىر شەخس ئۆزىنىڭ

قىلغان ياخشى ياكى يامان ئەمەلىگە جاۋابكار بولىدۇ، دېگەن. مانا بۇ سۈرە كافىرۇندىكى جاۋابنىڭ دەل ئۆزىدۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن.»﴾ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ مۇشۇ مەزمۇندا ئۆز قەۋمىنىڭ مۇشرىكلىرىغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامىز، بىز سىلەرنى (خاتا ئېتىقادىڭلارنى) ئىنكار قىلدۇق﴾. (سۈرە مۇمتەھىنە 4-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

③ يەنى ئۇلار كۆرۈنۈشتە قۇرئاننى ئاڭلايدۇ، ئەمما ئاڭلاشتىكى مەقسەتنى ھىدايەت تەلەپ قىلىش ئەمەس، شۇڭا گاسقا گەپ پايدا قىلمىغاندەك، قۇرئان ئۇلارغىمۇ پايدا قىلمايدۇ، خۇسۇسەن ئەقلىدىن ئاداشقان گاسقا پايدىسى بولمايدۇ، چۈنكى ئەقىللىق گاس ھەر ھالدا ئىشارەت ئارقىلىقمۇ بىر نەرسىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئەمما بۇلار ئەقىلسىز گاسلارغا ئوخشاش بولغاچقا، ھېچ نەرسىدىن پايدا ئالالمايدۇ.

وَمِنْهُم مَّن يَنظُرُ إِلَيْكَۚ أَفَأَنتَ تَهْدِي ٱلْعُمْيَ وَلَوْ كَانُواْ لَا يُبْصِرُونَ ﴿٤٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظْلِمُ ٱلنَّاسَ شَيْـًٔا وَلَٰكِنَّ ٱلنَّاسَ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٤٤﴾ وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ كَأَن لَّمْ يَلْبَثُوٓاْ إِلَّا سَاعَةً مِّنَ ٱلنَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيْنَهُمْۚ قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ ﴿٤٥﴾

*ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قارايدىغانلار بار (ئۇلار كورلاردۇر). كورلار (ھەقىقەتنى) كۆرمەيدىغان تۇرسىمۇ سەن ئۇلارغا يول كۆرسىتەلەمسەن؟① [43]. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ② [44]. ئاللاھ ئۇلارنى (مەھشەرگاھقا ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) گويا كۈندۈزنىڭ ئاز قىسمىدىلا*

***تۇرغانـدەك (قىسـقا) بىلىنىـدۇ③، ئـۇلار ئۆزئـارا تونۇشـىدۇ④، ئۆزىنىـڭ ئاللاھنىـڭ ئالدىغـا بارىدىغانلىقىنـى (يەنـى ئۆلگەنىدىـن كېيىـن تىرىلىشـنى) ئىنكار قىلغـان ۋە توغـرا يولغـا ئەگەشمىگەنلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ [45].***

① شـۇنىڭدەك يەنـە بـەزى كىشـىلەر سـاڭا قارايدۇ، ئۇلارنىـڭ مـەقسـىتى باشـقا بولغانلىقـى ئۈچـۈن، ئۇلارمـۇ كـور پايـدا ئالالمىغانـدەك، ھېچقانـداق پايدا ئالالمايدۇ، بولۇپمۇ كۆزى كور بولـۇش بىلـەن بىرگـە دىلىمۇ كـور بولغان بولسـا. چۈنكـى، كىمنىـڭ دىلـى كـور بولمىسـا، كـۆزى كۆرمـەس بولسـىمۇ، خېلـى كـۆپ نەرسـىلەرنى چۈشـىنەلەيدۇ. ئەممـا بـۇ مۇشـرىكلار ھـەم كـۆزى ھـەم دىلـى كورلارغـا ئوخشاشـتۇر. بـۇ سـۆزلەردىن مەقسـەت پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامغا تەسـەللىي بېرىشـتۇر. بۇنىـڭ مىسـالى شـۇكى، بىـر بىمـار ئـادەم كېسـىلىنى داۋالىتىشـقا چـىن كۆڭلىدىـن قىزىقمىسـا، دوختـۇر بەرگـەن دورىنـى يېمىسـە، دوختـۇر بـۇ ئەھۋالنـى بىلسـە، ئۇنـى داۋالاشـقا ئەھمىيـەت بەرمەيـدۇ، ھەتتـا ئۇنـداق كېسـەلنى داۋالاشـقا ۋاقتىنـى زايـە قىلىشـنىمۇ خالىمايدۇ.

② يەنـى ئاللاھ تائـالا ئىنسـانلارغا بارلىـق ئىقتىـدار ۋە سـالاھىيەتلەرنى ئاتـا قىلـدى، كۆرىدىغـان كـۆز بـەردى، ئاڭلايدىغـان قـۇلاق بـەردى، ھـەق بىلـەن باتىلنى، راست بىلـەن يالغاننى ئايرىيالايدىغـان ئەقىـل بـەردى. ئەگـەر ئـۇلار بـۇ ئىقتىـدار ۋە سـالاھىيەتلەرنى توغـرا ئىشـلىتىپ، ھـەق يولنـى تاللىمىسـا، ئـۇلار ئۆزلىرىگـە ئۆزلـىرى زۇلـۇم قىلغـان بولىـدۇ، ئۇلارغـا ئاللاھ تائـالا زۇلـۇم قىلغان بولمايدۇ.

③ ئـۇلار قىيامـەت كۈنىنىـڭ دەھشـىتىنى كـۆرۈپ، دۇنيادىكـى بارلىـق لەززەتلىرىنـى ئۇنتـۇپ كېتىـدۇ، ئۇلارنىـڭ دۇنيادىكـى ھاياتـى پەقـەت بىـر سائەت ياكى بىرىم سائەتتەكلا بىلىنىدۇ. ﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگـەن كۈنـدە، گويـا ئۆزلىرىنـى (دۇنيـادا) پەقـەت بىـر كەچقـۇرۇن ياكـى بىـر ئەتىگـەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)﴾. (سۈرە نازىئات 46-ئايەت)

④ قىيامـەت كۈنـدە كىشـىلەر ھـەر خىـل ھالەتلـەردە بولىـدۇ، بۇنـى قۇرئان كەرىـم بىـر نەچچـە جايدا بايـان قىلـدى: بىرىنچـى ھالـەت، ئـۇلار ئۆزئـارا تونۇشـىدۇ. ئىككىنچـى ھالـەت، ئـۇلار ئۆزئـارا بىر-بىرىگـە ئازدۇرغانلىـق جىنايىتىنـى ئارتىشـىدۇ. ئۈچىنچـى ھالەت، ئۇلار ياتلىشـىدۇ، ئۇرۇق-تۇغقانلار

بىر ـ بىرىدىن قاچىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئەھۋالنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) سورىشالمايدۇ﴾. (سۈرە مۇئمىنۇن 101 ـ ئايەت)

وَإِمَّا نُرِيَنَّكَ بَعۡضَ ٱلَّذِي نَعِدُهُمۡ أَوۡ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِلَيۡنَا مَرۡجِعُهُمۡ ثُمَّ ٱللَّهُ شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا يَفۡعَلُونَ ﴿٤٦﴾ وَلِكُلِّ أُمَّةٖ رَّسُولٞۖ فَإِذَا جَآءَ رَسُولُهُمۡ قُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡقِسۡطِ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٤٧﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى (ئۇلارنى ئازاپلاش بىلەن) ساڭا كۆرسەتسەكمۇ ياكى (ئۇنىڭدىن ئىلگىرى) سېنى ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، ئۇلارنىڭ بارار جايى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر (مەيلى بالدۇر بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز)، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھتۇر① [46]. (ئۆتكەن) ھەربىر ئۇممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ②، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ [47].***

① بۇ ئايەتتە دېيىلىۋاتىدۇكى، ئەگەر ئۇلار كۇفرى ۋە شېرىكتە چىڭ تۇرۇۋالسا، ئىلگىرىكى قەۋملەرگە ئازاب چۈشكەندەك، ئۇلارغىمۇ ۋەدە قىلىنغان ئازاب چۈشۈشى مۇمكىن. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر بىز ئۇ ئازابنىڭ بىر قىسمىنى سەن ھايات چېغىڭدىلا چۈشۈرسەك، بۇمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، بۇنىڭدىن سەن خۇرسەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەمما ئەگەر بىز سېنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋاپات قىلدۇرساق، بۇنىڭدىمۇ مەسىلە يوق. ئۇ كاپىرلار ئاخىرى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ۋە قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردارمىز، ئۇ يەردە ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قانداقمۇ ساقلىنىپ قالالىسۇن؟ يەنى دۇنيادىكى چاغدا كەچچىلىك تەدبىرىمىز سەۋەبىدىن ئازابتىن ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئاخىرەتتە ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىزدىن ساقلىنىپ قېلىشقا ھېچ ئىمكان

بولمايدۇ، چۈنكى قىيامەتنىڭ بولۇشىدىكى مەقسەت بويسۇنغانلارنى مۇكاپاتلاش، بويسۇنمىغانلارنى جازالاشتۇر.

② بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، بىز ھەربىر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىپ تۇردۇق، ئۇ پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلدۇق، يەنى پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنى ساقلاپ قالدۇق، قالغانلارنى ھالاك قىلدۇق. چۈنكى ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾. (سۈرە ئىسرا 15-ئايەت) بۇ ھۆكۈمدە ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمىغان بولىدۇ، چۈنكى گۇناھ قىلمىسىمۇ جازالانغان بولسا، ياكى دەلىل-ئىسپات تۇرغۇزۇلماي تۇرۇپ، جازالانغان بولسا، ئاندىن زۇلۇم قىلىنغان بولاتتى. (فەتھۇلقەدىر) بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، بۇ ئايەت قىيامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى قىيامەت كۈنى ھەربىر ئۈممەت ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە، ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر، ئۇلارنىڭ نامە-ئەمەل دەپتەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى يازغان پەرىشتىلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ھازىر بولىدۇ. ھەربىر ئۈممەت ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىز دۇنياغا كېلىشتە ئاخىرقى ئۈممەت بولساقمۇ، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب بېرىشتە ھەممىنىڭ ئالدىدا بولىمىز ۋە بارلىق مەخلۇقاتتىن بۇرۇن بىزگە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 856-ھەدىس)

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلۡوَعۡدُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤٨﴾ قُل لَّآ أَمۡلِكُ
لِنَفۡسِي ضَرّٗا وَلَا نَفۡعًا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۗ لِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌۚ إِذَا جَآءَ
أَجَلُهُمۡ فَلَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ سَاعَةٗ وَلَا يَسۡتَقۡدِمُونَ ﴿٤٩﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ
أَتَىٰكُمۡ عَذَابُهُۥ بَيَٰتًا أَوۡ نَهَارٗا مَّاذَا يَسۡتَعۡجِلُ مِنۡهُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٥٠﴾
أَثُمَّ إِذَا مَا وَقَعَ ءَامَنتُم بِهِۦٓۚ ءَآلۡـَٰٔنَ وَقَدۡ كُنتُم بِهِۦ تَسۡتَعۡجِلُونَ ﴿٥١﴾

*(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار) «بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟ ئەگەر*

*سىلەر راستچىل بولساڭلار (جاۋاب بېرىڭلارچۇ)» دەيدۇ [48]. ئېيتقىنكى: «ئاللاھ خالىماي تۇرۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ پايدا ـ زىيىنىغىمۇ ئىگە بولالمايمەن. ھەربىر ئۈممەتنىڭ بىر ئەجىلى (ھالاك بولىدىغان مەلۇم ۋاقتى) بولىدۇ، شۇ ئەجەل (ۋاقتى) يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار (ئۇنى) بىردەممۇ كېچىكتۈرەلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ①» [49]. ئېيتقىنكى:» دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە (نېمە قىلارسىلەر؟) گۇناھكارلار (بۇ ئازابنىڭ) قايسىبىرىگە ئالدىرايدۇ؟② [50]. ئازاب كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەندىڭلارمۇ؟③ ئەمدىمۇ؟ (يەنى ئەمدى ئەقلىڭلارنى تاپتىڭلارمۇ؟ ھالبۇكى، ئىلگىرى سىلەر مەسخىرە قىلىپ) ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلار» [51].*

① بۇ ئايەت ئىلاھىي ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلىگەن مۇشرىكلارغا جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ: ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن ئۆزۈمگىمۇ پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەس تۇرسام، قانداقمۇ باشقىلارغا پايدا-زىيان يەتكۈزەلەيمەن؟! بارلىق كۈچ-قۇدرەت ۋە ئىختىيار ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھەر كىمگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزۈشنى بەلگىلەيدۇ. يەنە ئۇ ھەربىر ئۈممەت ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ۋاقىت ۋە مۇددەت بەلگىلەپ قويغان بولۇپ، شۇ مۇددەت توشقۇچە ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ. ئۇ مۇددەت توشقاندا، ئۇلارنىڭ ئەجىلى بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش: بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ، خالايىقنىڭ ئەۋزىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر كىمگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانلار مۈشكۈللىرىنى ئاسان قىلىشقا ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشقا قادىر بولالامدۇ؟ ئەلۋەتتە، قادىر بولالمايدۇ. شۇڭا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن مەدەت تىلەش، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىش، «يا رەسۇلۇللاھ مەدەت!»، ۋە «ئى رەسۇلۇللاھ مېنى قۇتقۇزغىن!» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن دۇئا قىلىش ھەرگىزمۇ جايىز ئەمەس. چۈنكى ئاللاھنىڭ غەيرىدىن مەدەت تىلەش

قۇرئانىنىڭ مەزكۇر ئايىتى ۋە بۇ تېمىغا مۇناسىۋەت باشقا روشەن دەلىل-پاكىتلارغا خىلاپتۇر، ھەتتا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. (ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن)

② يەنى ئازاب دېگەن ناھايىتى قورقۇنچلۇق، دەھشەتتىن يۈرەكلەر تىترەيدىغان، ئىنساننىڭ تەبىئىتى ياقتۇرمايدىغان نەرسە تۇرسا، نېمىشقا ئۇلار ئازابنىڭ تېزراق كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؟

③ ئەمدى ئازاب كېلىپ بولغاندا ئېيتقان ئىماننىڭ نېمە پايدىسى بار؟

ثُمَّ قِيلَ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلۡخُلۡدِ هَلۡ تُجۡزَوۡنَ إِلَّا بِمَا
كُنتُمۡ تَكۡسِبُونَ ٥٢ ۞ وَيَسۡتَنۢبِـُٔونَكَ أَحَقٌّ هُوَۖ قُلۡ إِي وَرَبِّيٓ إِنَّهُۥ
لَحَقّٞۖ وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ ٥٣ وَلَوۡ أَنَّ لِكُلِّ نَفۡسٖ ظَلَمَتۡ مَا فِي
ٱلۡأَرۡضِ لَٱفۡتَدَتۡ بِهِۦۗ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّدَامَةَ لَمَّا رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَۖ وَقُضِيَ
بَيۡنَهُم بِٱلۡقِسۡطِ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ٥٤ أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِۗ أَلَآ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ٥٥ هُوَ
يُحۡيِۦ وَيُمِيتُ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ٥٦

***ئاندىن كېيىن (كۇفرلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا: «سىلەر مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭلا جازاسى بېرىلىدۇ» دېيىلىدۇ [52]. ئۇلار سەندىن: «ئۇ (يەنى ۋەدە قىلىنغان جازا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ①، سەن: «ھەئە، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر (ئۇنىڭدىن) قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگىن [53]. شەكسىزكى، (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان ھەربىر ئادەم ئەگەر يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدىغان بولسا، (ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىدىيە قىلىپ بېرىۋېتەتتى②، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا ھەسرەت - نادامەتلىرىنى يوشۇرىدۇ (يەنى دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ). ئۇلارنىڭ (يەنى***

***خالايىقنىڭ) ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ [54]. بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسە ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭدۇر، شۈبھىسىز بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ (كاپىرلارنى جازالاش ھەققىدىكى) ۋەدىسى ھەقىقەتەن راستتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ [55]. ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر③ [56].***

① يەنى ئۇلار: ۋەدە قىلىنغان ئازاب ۋە ئىنسانلار تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى راستمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى ئارقىلىق ئۇلارغا جاۋاب بېرىدۇ: سىلەرنىڭ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشىنى قىيىنلاشتۇرالمايدۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ قىيامەت چوقۇم بولىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاندا بۇ ئايەتكە ئوخشىشىدىغان ئىككىلا ئايەت بار. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە قىيامەتنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، بىرىنچىسى، سۈرە سەبەئ 3-ئايەت، ئىككىنچىسى، سۈرە تەغابۇن 7-ئايەتتۇر.

② يەنى قىيامەت بولغاندا كاپىرلار زېمىن توشقىچە ئالتۇن بېرىپ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇ يەردە ئۇلاردا بەرگىدەك ھېچنېمە بولمايدۇ. دېمەك ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا ھېچ يول يوقتۇر.

③ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى، ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئۆز ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، ھەممە مەخلۇقاتنىڭ قايتىدىغان جايى ئۆزىنىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى كۈچلەندۈرۈش ۋە شۇنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈنكى، بۇ قەدەر قۇدرەتلىك ۋە بۈيۈك زاتتىن قېچىپ كىم، نەگە بارالايدۇ؟ ئۇ زات ھېساب ئۈچۈن بەلگىلىگەن كۈننى كىم كەينىگە سۈرەلەيدۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر، ئۇ كۈن چوقۇم كېلىدۇ ۋە ھەربىر ياخشى ۋە يامانغا ئەمىلىگە يارىشا مۇكاپات

ياكى جازا بېرىلىدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَتۡكُم مَّوۡعِظَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَشِفَآءٞ لِّمَا فِي ٱلصُّدُورِ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٥٧﴾ قُلۡ بِفَضۡلِ ٱللَّهِ وَبِرَحۡمَتِهِۦ فَبِذَٰلِكَ فَلۡيَفۡرَحُواْ هُوَ خَيۡرٞ مِّمَّا يَجۡمَعُونَ ﴿٥٨﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ لَكُم مِّن رِّزۡقٖ فَجَعَلۡتُم مِّنۡهُ حَرَامٗا وَحَلَٰلٗا قُلۡ ءَآللَّهُ أَذِنَ لَكُمۡۖ أَمۡ عَلَى ٱللَّهِ تَفۡتَرُونَ ﴿٥٩﴾

***ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت①، دىللاردىكىلەرگە (يەنى دىللاردىكى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا②، مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى③ [57]. ئېيتقىنكى، «ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن④، (بۇ) ئۇلارنىڭ يىغقان (مال ـ دۇنيا) لىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر» [58]. ئېيتقىنكى،،» دەپ بېقىڭلارچۇ! ئاللاھ سىلەرگە چۈشۈرگەن رىزىقتىن بىر قىسمىنى ھارام، (يەنە بىر قىسمىنى بولسا) ھالال قىلىۋالدىڭلار»⑤. ئېيتقىنكى: «ئاللاھ سىلەرگە (مۇشۇنداق قىلىشقا) رۇخسەت بەرگەنمۇ؟ ياكى ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتامسىلەر؟» [59].***

① يەنى قۇرئان ـ ئۇنى چىن دىلى بىلەن ئوقۇغان ۋە مەنىسىنى تەپەككۇر قىلغان كىشى ئۇچۇن نەسىھەتتۇر. ۋەز ـ نەسىھەتنىڭ مەنىسى بىر ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە نەتىجىسى ھەققىدە ئەسكەرتىش دېمەكتۇر، مەيلى ئۇ رىغبەتلەندۈرۈش يولى بىلەن بولسۇن ياكى ئاگاھلاندۇرۇش يولى بىلەن بولسۇن. نەسىھەت قىلغۇچى دوختۇرغا ئوخشاش بىمارنى سالامەتلىكىگە زىيانلىق نەرسىلەردىن چەكلەيدۇ. شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىممۇ رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلارغا نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى ھاياتىنى نابۇت قىلىدىغان ئىشلاردىن چەكلەيدۇ.

② يەنى قۇرئان كەرىم دىللاردا پەيدا بولغان ئەقىدىگە ئالاقىدار گۇمان ۋە شەك-شۈبھىلەرنى يوقىتىدۇ ۋە كۇفرى-نىپاقنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ.

③ بۇ قۇرئان مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت ۋە ھىدايەتكە ئېرىشىش ۋاستىسىدۇر. ئەسلىدە قۇرئان كەرىم پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسىدۇر، ئەمما ئۇنىڭدىن پەقەت مۇئمىنلەرلا مەنپەئەت ئالىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغىلا رەھمەت ۋە ھىدايەت دەپ بەلگىلەندى. بۇ نۇقتا قۇرئان كەرىمدە (سۈرە ئىسرا 82-ئايەت، سۈرە ئەلىف لام سەجدە 44-ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىنغان). سۈرە بەقەرە 2-ئايەتتىكى ﴿(ئۇ) تەقۋادارلارغا ھىدايەتتۇر (يەنى يېتەكچىدۇر)﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ.

④ خۇشاللىق دېگەن تەلەپ قىلغان نەرسىگە ئېرىشكەن چاغدا ئىنسان دىلىدا ھېس قىلىدىغان بىر خىل كەيپىيات. بۇ يەردە مۇئمىنلەرگە دېيىلىۋاتىدۇكى، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ خاس پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇئمىنلەر بۇنىڭ بىلەن خۇشال بولۇشى لازىم، يەنى دىللىرىدا خاتىرجەملىك ۋە خۇرسەنلىك كەيپىياتى بولۇشى لازىم. بۇنىڭ مەنىسى خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن يوللارغا چىراغلارنى ئېسىپ، ھەر خىل مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ، پۇل-مالنى ئىسراپ قىلىشۇن دېگەنلىك ئەمەس. بۇگۇنكى بىدئەتچىلەر بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، «مەۋلۇت ئۆتكۈزۈش» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، مەۋلۇت ئوقۇش) ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار خاتا پائالىيەتلەرنى جايىز قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

⑤ بۇنىڭدىن مۇشرىكلار بۇتلىرىنىڭ نامىغا ئاتاپ بەزى ھايۋانلارنى ھارام قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەنئامدا بايان قىلىندى.

وَمَا ظَنُّ ٱلَّذِينَ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو
فَضۡلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَشۡكُرُونَ ٦٠ وَمَا تَكُونُ
فِي شَأۡنٖ وَمَا تَتۡلُواْ مِنۡهُ مِن قُرۡءَانٖ وَلَا تَعۡمَلُونَ مِنۡ عَمَلٍ إِلَّا
كُنَّا عَلَيۡكُمۡ شُهُودًا إِذۡ تُفِيضُونَ فِيهِۚ وَمَا يَعۡزُبُ عَن رَّبِّكَ مِن

مِّثۡقَالِ ذَرَّةٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِ وَلَآ أَصۡغَرَ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ
أَكۡبَرَ إِلَّا فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٍ ﴿٦١﴾

***ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىغانلار قىيامەت كۈنىدە قانداق (جاۋاب بېرىمىز دەپ) ئويلايدىغاندۇ؟ ① (يەنى جازاغا تارتىلمايمىز، دەپ ئويلامدۇ؟) شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر② (شۇڭا ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى كېچىكتۈرىدۇ)، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلمايدۇ③ [60]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن قايسى ھالەتتە بولساڭ، قۇرئاندىن قايسى ئايەتنى ئوقۇساڭ، (ئى ئىنسانلار!) سىلەر قانداقلا بىر ئىشنى قىلساڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە رەببىڭنىڭ ئىلمىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، روشەن كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر④ [61].***

① يەنى ئۇلار، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ، ئويلايدىغاندۇ؟

② ئاللاھ تائالا مەرھەمەتلىك زات بولغاچقا ئىنسانلارنى دۇنيادا دەرھال جازالىمايدۇ، بەلكى جازالاش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر كۈننى بەلگىلەپ قويىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى مۇئمىن ۋە كاپىر دەپ ئايرىماستىن ھەممىگە بېرىدىغانلىقى ئۇنىڭ مەرھەمىتىدۇر. يەنە ئىنسانلارغا پايدىلىق ۋە زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ھارام قىلماستىن، ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ مەرھەمىتىدۇر.

③ يەنى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمايدۇ ياكى ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋالىدۇ.

④ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىپ، بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر ۋاقىت ۋە ھەر لەھزىدە ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى چوڭ-كىچىك ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭ ئىلمى ۋە كۆرۈپ تۇرۇشىدىن سىرتتا قالمايدىغانلىقىنى

بايان قىلدى. بۇ نۇقتا سۈرە ئەنئامنىڭ 59-ئايىتىدە بايان قىلىنغان مەزمۇننىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى (ئاچقۇچلىرى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾ . شۇنىڭدەك سۈرە ئەنئامنىڭ 38-ئايىتى، سۈرە ھۇد نىڭ 6-ئايىتىدىمۇ ئوخشاش مەزمۇن بايان قىلىندى. ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەرىكىتىنى بىلىپ تۇرىدىغان تۇرسا، ئىبادەتكە بۇيرۇلغان ئىنسانلارنىڭ ۋە جىنلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە ئەمەللىرىدىن خەۋەرسىز قېلىشى مۇمكىنمۇ؟

أَلَآ إِنَّ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهِ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٦٢﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾ لَهُمُ ٱلۡبُشۡرَىٰ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۚ لَا تَبۡدِيلَ لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٦٤﴾ وَلَا يَحۡزُنكَ قَوۡلُهُمۡۘ إِنَّ ٱلۡعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًاۚ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٦٥﴾

*بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا① (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار (دۇنيادا قويۇپ كەتكەنلىرىگە) ھەرگىز قايغۇرمايدۇ② [62]. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر [63]. ئۇلارغا دۇنيادىكى ھاياتىدا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ③، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا ئۇتۇقتۇر [64]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، شەكسىزكى، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (ئاللاھ ساڭا مەدەتكاردۇر). ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [65].*

① ئاللاھ تائالا ئىتائەتسىزلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دوستلىرى بولغان ئىتائەتمەن كىشىلەرنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ﴿أَوۡلِيَآءَ﴾ «وَلِيٌّ»

دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى يېقىن دېمەكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھنىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرى دېگەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان، چەكلىگەن ئىشلاردىن ساقلانغان، ئۇنىڭغا يېقىن بولغان، راستچىل ۋە سەممىي مۆئمىنلەر بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزى تۆۋەندىكى ئايەتتە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر﴾ دەپ بايان قىلدى. پەقەت ئىمان ئېيتىش ۋە تەقۋادارلىق قىلىشلا ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ئاساسى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋاستىسىدۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھەربىر تەقۋادار مۆئمىن ئاللاھنىڭ دوستى (ئەۋلىيا) بولالايدۇ. بەزى كىشىلەر ئەۋلىيا بولۇش ئۈچۈن كارامەت كۆرسىتىش لازىم دەپ قارايدۇ ۋە ئۆزلىرى ئەۋلىيا دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەرنىڭ يالغان كارامەتلىرىنى دەلىل قىلىشىدۇ. بۇ بىر خاتا كۆز قاراش بولۇپ، ئەۋلىيا بولۇش ئۈچۈن كارامەت كۆرسىتىش زۆرۈر ئەمەس ھەم ئۇنىڭ شەرتىمۇ ئەمەس. ئەگەر بىر كىشىدىن بىر كارامەت زاھىر بولسا، بۇ ئۇ شەخسنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس بەلكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان بولىدۇ. ئومۇمەن قايسىبىر تەقۋادار مۆئمىن ۋە سۈننەتكە ئەگەشكۈچىدىن بىرەر كارامەت زاھىر بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئۇنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق.

② قورقۇش كەلگۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، قايغۇرۇش (غەم) ئۆتكەن زامان بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ھاياتىنى ئاللاھتىن قورقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن باشقىلار قورققاندەك قورقۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمانى ۋە تەقۋادارلىقى سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە پەزلىدىن چەكسىز ئۈمىدۋار بولۇپ، ئىجابىي قاراش بىلەن ياشايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار ھاياتى دۇنيادا قىلىپ قالغان نەرسىلىرى ياكى دۇنيادا ئېرىشەلمىگەن ھالاۋەتلىرى ئۈچۈن غەم قىلىپمۇ ئولتۇرمايدۇ. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار دۇنيادا يېتەلمىگەن ئارزۇ-ئارمانلىرىغا قارىتا غەم-ئەندىشە ۋە پۇشايمان ئىزھار قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنىڭ ئاللاھنىڭ قازا ۋە تەقدىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا قايغۇرۇش بىلەن كۆڭۈللىرىنى بىئارام قىلمايدۇ، بەلكى ئاللاھ بەلگىلىگەن تەقدىر-قىسمەتتىن رازى ۋە خۇرسەن بولغان ھالدا خاتىرجەم ياشايدۇ.

③ دۇنيادىكى «خۇش خەۋەر» دېگەندىن قۇرئان ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك راست چۈش ياكى مۆئمىن بەندە سەكراتتىكى چاغدا

پەرىشتە ئارقىلىق ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن بېرىلىدىغان خۇش خەۋەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَمَا يَتَّبِعُ ٱلَّذِينَ
يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ شُرَكَآءَۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنۡ هُمۡ إِلَّا
يَخۡرُصُونَ ٦٦ هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ لِتَسۡكُنُواْ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ
مُبۡصِرًاۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَسۡمَعُونَ ٦٧ قَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدٗاۗ
سُبۡحَٰنَهُۥۖ هُوَ ٱلۡغَنِيُّۖ لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ إِنۡ عِندَكُم
مِّن سُلۡطَٰنِۭ بِهَٰذَآۚ أَتَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ٦٨

***ئۇنتۇماڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، بەندىسىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). ئاللاھنى قويۇپ، ئاللاھتىن باشقىغا (ساختا ئىلاھلارغا) چوقۇنىدىغانلار نېمىگە ئەگىشىۋاتىدۇ؟ ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىۋاتىدۇ (يوقىلاڭ پەرەزگىلا تايىنىۋاتىدۇ)① ، ئۇلار پەقەت (ئاللاھ نامىدىن) قالايمىقان بىلجىرلاۋاتىدۇ [66]. ئاللاھ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە كېچىنى يارىتىپ بەرگەن، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. شەكسىزكى، (ئىبرەت قۇلىقى بىلەن) ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [67]. ئۇلار (يەنى كاپىرلار): «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېيىشتى، ئاللاھ (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، ئۇ (بالىدىن) بىھاجەتتۇر② ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر③ . (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ سۆزۈڭلارغا سىلەرنىڭ ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىنى يالغاندىن ئاللاھقا چاپلامسىلەر؟ [68].***

① يەنى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشى بىرەر دەلىلگە ئاساسەن ئەمەس. بەلكى، قۇرۇق پەرەز، گۇمان، تەخمىن، خىيالىي قىياسقا

تايانغانـدۇر. ئەگـەر بۇگـۇن ھەربـىر ئىنسـان ئۆزىدىكـى ئەقىل-ئىدراكنـى توغـرا ئىشلەتسـە، شەكسـىزكى، ئۇنىڭغـا ئاللاھنـىڭ ھېـچ شـېرىكى يـوق ئىكەنلىكـى ئايـان بولىـدۇ. ئاللاھ تائـالا ئاسـمان ۋە زېمىننـى يارىتىشـتا يەككە-يېگانـە ۋە ھېـچ شـېرىكى يـوق تۇرسـا، ئىبـادەت قىلىنىشـتا قانداقسىگە ئۇنىڭ شېرىكى بار بولۇپ قالىدۇ؟

② ھېچكىمگە موھتـاج بولمىغـان زاتقـا ئەۋلادنىڭمـۇ زۆرۈرىيىتـى يوقتـۇر، چۈنكـى، ئـەۋلاد ئېھتيـاج ۋە يـاردەم ئۈچـۈن زۆرۈر بولىـدۇ، ئـۇ زات ياردەمگـە موھتاج بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەۋلادنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟

③ ئاسـمان ۋە زېمىندىكـى ھەممـە نەرسـە ئۇنىـڭ مۈلكـى ۋە بارلىـق مەخلۇقـات ئۇنىـڭ قۇلـى ۋە بەندىلـىرى تۇرسـا، ئۇنىڭغـا ئەۋلادنىـڭ نېمـە زۆرۈرىيىتـى بولسـۇن؟ ئـەۋلاد دېگـەن ياردەمچىسـى يـوق ۋە مەدەتـكارى يـوق كىشـىگە زۆرۈر بولىـدۇ. يەنـە ئـۆزى ئۆلـۈپ كەتكەنـدىن كېيىـن مال-مۈلكىگـە ۋارىـس بولىدىغـان پەرزەنتـى بولۇشـنى ئارزۇ قىلىدىغـان كىشـىگە زۆرۈر بولىدۇ. ئاللاھ تائالانـىڭ زاتـى بولسـا ھەرگـىز يوقالمايـدۇ، ئـۇ مەڭگـۇ ھاياتتـۇر. شـۇ ۋەجىدىـن «ئاللاھنـىڭ بالىسـى بـار» دېيىـش ناھايىتـى قاتتىـق گۇناھتـۇر. ئاللاھ تائـالا بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿بـۇ سـۆزنىڭ (يامانلىقىدىـن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلـى، يـەر يېرىلىـپ كەتكىلى، تاغـلار گۇمـران بولـۇپ كەتكىلـى تـاس قالـدى. بـۇ شـۇنىڭ ئۈچۈنكـى، ئـۇلار «رەھماننىـڭ بالىسى بار» دەپ بىلجىرلىدى﴾. (سۈرە مەريەم 90-، 91-ئايەتلەر)

قُلۡ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ لَا يُفۡلِحُونَ ﴿٦٩﴾ مَتَٰعٞ فِي
ٱلدُّنۡيَا ثُمَّ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُهُمۡ ثُمَّ نُذِيقُهُمُ ٱلۡعَذَابَ ٱلشَّدِيدَ بِمَا كَانُواْ
يَكۡفُرُونَ ﴿٧٠﴾ ۞ وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ نُوحٍ إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ إِن
كَانَ كَبُرَ عَلَيۡكُم مَّقَامِي وَتَذۡكِيرِي بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَعَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلۡتُ
فَأَجۡمِعُوٓاْ أَمۡرَكُمۡ وَشُرَكَآءَكُمۡ ثُمَّ لَا يَكُنۡ أَمۡرُكُمۡ عَلَيۡكُمۡ غُمَّةٗ
ثُمَّ ٱقۡضُوٓاْ إِلَيَّ وَلَا تُنظِرُونِ ﴿٧١﴾

*(ئـى پەيغەمبـەر!) ئېيتقىنكـى، «ئاللاھقـا يالغاننـى چاپلايدىغانـلار① ھەرگـىز مۇۋەپپەقىيەتكـە (نىجاتلىققـا) ئېرىشـەلمەيدۇ②» [69]. (ئـۇلار)*

***بۇ دۇنيادىن (ئازغىنە) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز [70]. ئۇلارغا نۇھنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا نۇھ قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم ۋە سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئەسلىتىشىم ئېغىر كەلگەن بولسا، (شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى) مەن يالغۇز ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى ئاللاھقا تاياندىم، سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن). سىلەرمۇ (ئاللاھقا قوشقان) شېرىكلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (ماڭا قارشى) ئىشىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار③، ئىشىڭلار سىلەرگە ئېنىقسىز (تۇتۇق) بولۇپ قالمىسۇن④ (يەنى مېنى قەستلەيدىغان ئىشىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئاشكارا بولسۇن)، ئاندىن ماڭا ھېچقانداق مۆھلەتمۇ بەرمەي، قىلىدىغىنىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار [71].***

① ﴿يَفْتَرُونَ﴾نىڭ مەنىسى يالغان سۆزلەش، بوھتان چاپلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ﴿الْكَذِبَ﴾مۇ يالغان سۆزلەش دېگەن مەنىدە، بۇ ئىككىنچى سۆز ئالدىنقىسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن.

② بۇ ئايەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئاخىرەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۆزى نىجاتلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتتۇر، نوقۇل دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق خۇشاللىقلا مۇۋەپپەقىيەت ئەمەس. مەسىلەن: كۆپ ئادەملەر كاپىرلارنىڭ ۋاقىتلىق خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، گۇمان ۋە شۇبھىلەردە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە دېدىكى: ﴿(ئۇلار) بۇ دۇنيادىن (ئازغىنە) بەھرىمەن بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ﴾ يەنى بۇ دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتتىكى ھاياتقا قارىغاندا ناھايىتى ئاز، ساناقتىمۇ ئېلىنمايدىغان بىر نەرسىدۇر. ئاندىن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇنى بىلىۋېلىش لازىمكى، كاپىرلار، مۇشرىكلار ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىغانلارنىڭ دۇنيادىكى خۇشاللىقى ۋە ماددىي تەرەققىياتلىرى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئەمەس. بۇ ماددىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇلارنىڭ ئەزگۈ تۈردە تىرىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، مەلۇم زاھىرىي سەۋەب-ئامىللارنى ھازىرلىغان ھەر قانداق بىر قەۋم ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ.

كىمكى يېتەرلىك سەۋەب-ئامىللارنى ھازىرلاپ، ئۇلاردەك مېھنەت قىلسا، مەيلى ئۇ مۇئمىن بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئېرىشكەن بۇ ۋاقىتلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ كېچىكتۈرۈپ جازالاش قانۇنىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

③ يەنى سىلەرمۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ياردەم سوراڭلار، (ئەگەر ئۇلار-سىلەرنىڭ قارىشىڭلار بويىچە-سىلەرگە ياردەم قىلالايدىغان بولسا).

④ ﴿غُمَّةً﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى تۇتۇق، مۇبھەم، مەخپىي. يەنى سىلەرنىڭ ماڭا قارشى ھەرىكىتىڭلار ئۇزۇڭلارغا غۇۋا ۋە ئېنىقسىز بولۇپ قالمىسۇن بەلكى ئوچۇق-ئاشكارا بولسۇن.

فَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَمَا سَأَلْتُكُم مِّنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ ۖ وَأُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿٧٢﴾ فَكَذَّبُوهُ فَنَجَّيْنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ فِى ٱلْفُلْكِ وَجَعَلْنَٰهُمْ خَلَٰٓئِفَ وَأَغْرَقْنَا ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿٧٣﴾ ثُمَّ بَعَثْنَا مِنۢ بَعْدِهِۦ رُسُلًا إِلَىٰ قَوْمِهِمْ فَجَآءُوهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَمَا كَانُوا۟ لِيُؤْمِنُوا۟ بِمَا كَذَّبُوا۟ بِهِۦ مِن قَبْلُ ۚ كَذَٰلِكَ نَطْبَعُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلْمُعْتَدِينَ ﴿٧٤﴾

*ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەردىن ھېچبىر ھەق سورىغىنىم يوق①، مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىن كۈتىمەن، مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم②» دېدى [72]. لېكىن ئۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى③. بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق ۋە ئۇلارنى (يەر يۈزىدە) ئورۇنباسارلار قىلدۇق④، دەلىل - پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى بولسا (توپان بالاسى بىلەن) غەرق قىلدۇق، (ئى مۇھەممەد!) ئاگاھلاندۇرۇلغانلار (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن! [73].*

***نۇھتىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قەۋملىرىگە ئەۋەتتۇق، ئۇلار ئۇ قەۋملەرگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى⑤، (ئەمما) ئۇلار ئىلگىرى ئىنكار قىلغان نەرسىگە ئىمان ئېيتمىدى⑥. (كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيمىز⑦ [74].***

① ئەگەر سىلەر ماڭا، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشتىكى مەقستى مال-مۈلۈك توپلاش دەپ، تۆھمەت چاپلىماقچى بولساڭلار، مەن سىلەردىن ھەق سورىغىنىم يوق.

② نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىنمۇ مەلۇم بولدىكى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلام بولغان، گەرچە ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە تۇتقان يوللىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ. بۇ نۇقتىنى سۈرە مائىدە 48-ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان: ﴿(ئى ئۇممەتلەر!) سىلەردىن ھەربىر ئۇممەتكە بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾. ئەمىلىيەتتە بارلىق ئۇممەتلەرنىڭ دىنى ئىسلام ئىدى. تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قارالسۇن: سۈرە نەمله 91-ئايەت، سۈرە بەقەرە 131 - 132-ئايەتلەر، سۈرە يۈسۈف 101-ئايەت، سۈرە يۇنۇس 84-ئايەت، سۈرە ئەئراف 126-ئايەت، سۈرە نەمله 44-ئايەت، سۈرە مائىدە 44 ۋە 111-ئايەت، سۈرە ئەنئام 162-، 163-ئايەتلەر.

③ يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تۈرلۈك ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن باش تارتمىدى. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى بىر كېمىگە سېلىپ، قۇتقۇزدى، قالغانلارنىڭ ھەممىنى ھەتتا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئوغلىنىمۇ غەرق قىلىۋەتتى.

④ يەنى يەر يۈزىدە بىز قۇتقۇزغان كىشىلەرنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلدۇق. ئاندىن ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىدىكى نەسلى مۇشۇ كىشىلەردىن خۇسۇسەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ نەسلىدىن داۋاملاشتى. شۇ ۋەجىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالام «ئىككىنچى ئادەم ئاتا» دەپ ئاتىلىدۇ.

⑤ ئۇ پەيغەمبەرلەر قەۋملىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ ئەۋەتكەن بەرھەق پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - پاكىت ۋە مۆجىزىلەرنى

ئېلىپ كەلدى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ۋە يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

⑥ لېكىن بۇ ئۈممەتلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىگە ئىمان كەلتۈرمىدى، بىردىنبىر سەۋەب شۇكى، بۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا دەسلەپتە كەلگەندە، ئۇلار بۇ پەيغەمبەرلەرنى ھېچ ئويلانماستىن دەرھال ئىنكار قىلغان ئىدى، كېيىنمۇ ئىنكار قىلدى. ئىلگىرىكى ئىنكار قىلغانلىقى كېيىنمۇ ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ باردى. بىرىنچى قېتىم ئىنكار قىلغانلىقى كېيىنمۇ ئىمان ئېيتىشقا باشتىنئاخىر توسالغۇ بولۇپ تۇردى. ئۇلار: «بىز ئىلگىرى ئىنكار قىلىپ بولۇپ، ئەمدى ئىمان ئېيتساق قانداق بولىدۇ؟» دەپ ئويلىدى. نەتىجىدە ئىماندىن مەھرۇم قالدى.

⑦ يەنى ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ دىللىرى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق سەۋەبىدىن پېچەتلىنىپ كەلگەندەك، كەلگۈسىدىمۇ قانداق بىر قەۋم ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلسا، ئۇلارنىڭ دىللىرىمۇ پېچەتلىنىپ تۇرىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار ئىلگىرىكىلەر ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغاندەك، ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

ثُمَّ بَعَثْنَا مِنۢ بَعْدِهِم مُّوسَىٰ وَهَٰرُونَ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِۦ
بِـَٔايَٰتِنَا فَٱسْتَكْبَرُواْ وَكَانُواْ قَوْمًا مُّجْرِمِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلْحَقُّ
مِنْ عِندِنَا قَالُوٓاْ إِنَّ هَٰذَا لَسِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧٦﴾ قَالَ مُوسَىٰٓ أَتَقُولُونَ
لِلْحَقِّ لَمَّا جَآءَكُمْ ۖ أَسِحْرٌ هَٰذَا وَلَا يُفْلِحُ ٱلسَّٰحِرُونَ ﴿٧٧﴾

***ئۇلاردىن كېيىن بىز مۇسا بىلەن ھارۇننى① پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا نۇرغۇن مۆجىزىلىرىمىز② بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار (ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن) بويۇنتاۋلۇق قىلدى. ئۇلار گۇناھكار قەۋم ئىدى③ [75]. ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت كەلگەن چاغدا ئۇلار: «بۇ ئەلۋەتتە ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى④ [76]. مۇسا: «سىلەرگە ھەقىقەت كەلسە، سىلەر ئۇنى (سېھىر) دەمسىلەر؟ (ئەجەبا) بۇ سېھىرمۇ؟ ھالبۇكى، سېھىرگەرلەر***

مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېدى⑤ [77].

① يۇقىرىدا پەيغەمبەرلەر ئومۇمىي شەكىلدە تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن، مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار ئايرىم تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ، ۋەھالەنكى، مەزكۇر پەيغەمبەرلەر جۈملىسىگە بۇلارمۇ كىرەتتى. ئەمما بۇلار يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەيغەمبەرلەردىن بولغاچقا، بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى.

② مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۆجىزىلىرى، بولۇپمۇ سۈرە ئىسرانىڭ 101-ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان توققۇز مۆجىزە مەشھۇردۇر.

③ يەنى ئۇلار چوڭ-چوڭ گۇناھلار ۋە جىنايەتلەرگە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگىمۇ (بويۇنتاۋلىق) تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. چۈنكى بىر گۇناھ ئىككىنچى بىر گۇناھقا تۈرتكە بولىدۇ، بىر گۇناھتا چىڭ تۇرۇش ئىنساندا تېخىمۇ چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت پەيدا قىلىدۇ.

④ ئۇلار ئىنكار قىلىشقا ئەقىلگە ئۇيغۇن دەلىل تاپالمىغاندا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «بۇ سېھىركەن» دەپ تۇرىۋالدى.

⑤ مۇسا ئەلەيھىسسالام دېدىكى، ئويلاپ سۆزلەڭلار، سىلەر ھەقىقەتكە چاقىرىلغان دەۋەتنى ۋە توغرا سۆزنى سېھىر دەمسىلەر؟ ئەجەبا بۇ سېھىرمۇ؟ سېھىرگەر دېگەن ئەسلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. يەنى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىشقىمۇ مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. مەن بولسام، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ مەدەتكارىم ئاللاھتۇر، ئۇ ماڭا روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغان تۇرسا، سېھىر ۋە سېھىرگەرلىككە مېنىڭ نېمە ئېھتىياجىم بولسۇن؟ ئاللاھ ئاتا قىلغان مۆجىزىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟

قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِتَلۡفِتَنَا عَمَّا وَجَدۡنَا عَلَيۡهِ ءَابَآءَنَا وَتَكُونَ لَكُمَا ٱلۡكِبۡرِيَآءُ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا نَحۡنُ لَكُمَا بِمُؤۡمِنِينَ ٧٨ وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ ٱئۡتُونِي بِكُلِّ سَٰحِرٍ عَلِيمٖ ٧٩ فَلَمَّا جَآءَ ٱلسَّحَرَةُ قَالَ لَهُم

مُّوسَىٰٓ أَلۡقُواْ مَآ أَنتُم مُّلۡقُونَ ٨٠ فَلَمَّآ أَلۡقَوۡاْ قَالَ مُوسَىٰ مَا
جِئۡتُم بِهِ ٱلسِّحۡرُۖ إِنَّ ٱللَّهَ سَيُبۡطِلُهُۥٓ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُصۡلِحُ عَمَلَ
ٱلۡمُفۡسِدِينَ ٨١ وَيُحِقُّ ٱللَّهُ ٱلۡحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ٨٢

ئۇلار: «سەن بىزگە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە (بۇ) زېمىن (يەنى مىسىر زېمىنى) نىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟① بىز ئىككىڭلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى [78]. پىرئەۋن: «مېنىڭ ئالدىمغا بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى [79]. سېھىرگەرلەر يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئۇلارغا: «تاشلىماقچى بولغىنىڭلارنى تاشلاڭلار» دېدى [80]. ئۇلار (ھاسا ۋە ئارغامچىلىرىنى) تاشلىغاندا، مۇسا: «سىلەرنىڭ كۆرسەتكىنىڭلار سېھىردۇر، ئاللاھ چوقۇم ئۇنى بەربات قىلىدۇ②. چۈنكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى تۈزىمەيدۇ③» دېدى [81]. گۇناھكارلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ سۆزلىرى (پاكىتلىرى)④ ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ (يەنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ) [82].

① بۇ ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دەلىل-ئىسپات كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەندە كۆرسەتكەن باھانىلىرى تۆۋەندىكىچە بولدى: بىرىنچىسى، سەن بىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ يولىدىن چىقارماقچى. ئىككىنچىسى، سەن بىزنىڭ قولىمىزدىكى ھوقۇق-مەنسەپنى تارتىۋېلىپ، ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالماقچى. شۇڭا بىز سىلەرگە ھەرگىز ئىمان ئېيتمايمىز. يەنى ئاتا-بوۋىلارغا ئەگىشىشتە چىڭ تۇرۇش ۋە دۇنيادىكى ھوقۇق-مەنسەپنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش خاھىشى ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشتىن توسۇپ قويدى. بۇ ئايەتتىن كېيىنكى تېما پىرئەۋن بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ھەققىدە داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭدا پىرئەۋنىنىڭ سېھىرگەرلەرنى چاقىرغانلىقى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سېھىرگەرلەرنىڭ كۈچ سىناشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ، بۇ ۋەقەنىڭ بىر قىسمى سۈرە ئەئرافتا بايان قىلىنغان ئىدى، يەنە سۈرە تاھادىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

② ھەقىقەتتە شۇنداق بولدى. باتىل ھەقىقەتنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ غەلىبە قىلالىسۇن؟ سېھىرگەرلەر ئۆز ھۈنەرلىرىدە ھەر قانچە كامالەتكە

يەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىر ئىدى، ئۇ كۆز بويامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھاسىسىنى تاشلىغاندا، ئۇلارنىڭ بارلىق سېھىرلىرىنى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بەربات قىلدى.

③ بۇ سېھىرگەرلەرمۇ بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى، ئۇلار پەقەت مال-دۇنيا توپلاش ئۈچۈن سېھىر ئۆگەنگەن بولۇپ، سېھىرگەرلىك قىلىپ، كىشىلەرنى ئالدايتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقتا ياتىدىغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى قانداقمۇ تۈزەپ بەرسۇن؟

④ بۇ يەردىكى ﴿كَلِمَٰتِهِۦ﴾ «سۆزلىرى» دېگەندىن ئاللاھ تائالا كىتابلىرىدا نازىل قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاتا قىلغان دەلىل-ئىسپاتلار ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قوللىرىدا ۋۇجۇدقا چىققان مۆجىزىلەر ياكى ئاللاھ تائالانىڭ «بول» دېگەن ئەمرى بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان كەسكىن بۇيرۇقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

فَمَآ ءَامَنَ لِمُوسَىٰٓ إِلَّا ذُرِّيَّةٌ مِّن قَوْمِهِۦ عَلَىٰ خَوْفٍ مِّن فِرْعَوْنَ
وَمَلَإِيْهِمْ أَن يَفْتِنَهُمْ ۚ وَإِنَّ فِرْعَوْنَ لَعَالٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَإِنَّهُۥ لَمِنَ
ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٨٣﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰقَوْمِ إِن كُنتُمْ ءَامَنتُم بِٱللَّهِ فَعَلَيْهِ
تَوَكَّلُوٓاْ إِن كُنتُم مُّسْلِمِينَ ﴿٨٤﴾ فَقَالُواْ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلْنَا رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا
فِتْنَةً لِّلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٥﴾

*مۇساغا (دەۋىتىنىڭ ئەۋۋىلىدە) پەقەت ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر① پىرئەۋن ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىملىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققان ھالدا② ئىمان ئېيتتى. چۈنكى، پىرئەۋن يەر يۈزىدە (يەنى مىسىر زېمىنىدا) ھەقىقەتەن زوراۋان ئىدى، يەنە ئېخى ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى③ [83]. مۇسا: «ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۈل قىلىڭلار④ (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا تايىنىڭلار)» دېدى [84]. ئۇلار ئېيتتى: «ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلدۇق، ئى*

***پەرۋەردىگارىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن [85].***

① «ئۇنىڭ قەۋمىدىن» دېگەندىكى ئالماشنىڭ كىمنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر «ئۇنىڭ» دېگەن ئالماش مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئالماشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان، يەنى «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىمان ئېيتتى» دېگەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئىمام ئىبنى كەسىر ۋە باشقا مۇپەسسىرلەر ئۇ ئالماش پىرئەۋننى كۆرسىتىدۇ، يەنى «پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىمان ئېيتتى» دېگەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن دەلىلى شۇكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرىنى پىرئەۋننىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزغۇچى بىر نىجاتكارنى كۈتۈۋاتاتتى، كۈتكىنى بويىچە ئۇلارغا مۇسا ئەلەيھىسسالام كەلدى. شۇ ۋەجىدىن (قارۇندىن باشقا) بارلىق ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ﴿ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر﴾ دېگەننى ﴿پىرئەۋن قەۋمىدىن ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىمان ئېيتتى﴾ دەپ ئالساق، توغرا بولىدۇ. ئەنە شۇ «ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر» ئىچىدە پىرئەۋن جەمەتىدىن بىر كىشى، يەنە پىرئەۋننىڭ ئايالى (ھەزرىتى ئاسىيە) ۋە خەزىنە باشقۇرغۇچى بىلەن ئايالىمۇ بار ئىدى.

② بۇ ئايەتمۇ ئىمان ئېيتقان ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ پىرئەۋن قەۋمىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى بۇ ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر پىرئەۋننىڭ ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ھەمدە ھاكىملارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن خەۋپسىرەيتتى. ئىسرائىل ئەۋلادى بولسا، خېلى ئۇزۇن زاماندىن بېرى پىرئەۋننىڭ ھۆكمى ئاستىدا ئېزىلگەن ۋە قۇللۇققا مەھكۇم بولغان ھالدا ياشاۋاتاتتى، بۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقى سەۋەبتىن تېخىمۇ قاتتىق ئېغىرچىلىقتا قىلىش ئەندىشىسى يوق ئىدى.

③ بۇ مۇئمىنلەر پىرئەۋننىڭ ئەنە شۇنداق زوراۋانلىقى ۋە زۇلۇم قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئادىتىدىن قورقاتتى.

④ ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋن زۇلمى ئاستىدا خارلىناتتى، مۇسا

ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىنمۇ خارلىق كېمەيمىدى، شۇڭا ئۇلار پەرىشان ئىدى، ھەتتا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ﴿سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق﴾ دېگەن ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋ قىلىڭلار﴾. يەنە ﴿رەببىڭلار دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىدۇ﴾ دېدى. (سۈرە ئەئراف 128 ـ، 129 ـ ئايەتلەرگە قارالسۇن) بۇ يەردىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەلىم بېرىپ: ﴿ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا تايىنىڭلار)﴾ دېدى.

وَنَجِّنَا بِرَحۡمَتِكَ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰ وَأَخِيهِ أَن تَبَوَّءَا لِقَوۡمِكُمَا بِمِصۡرَ بُيُوتٗا وَٱجۡعَلُواْ بُيُوتَكُمۡ قِبۡلَةٗ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٨٧﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ رَبَّنَآ إِنَّكَ ءَاتَيۡتَ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَأَهُۥ زِينَةٗ وَأَمۡوَٰلٗا فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا رَبَّنَا لِيُضِلُّواْ عَن سَبِيلِكَۖ رَبَّنَا ٱطۡمِسۡ عَلَىٰٓ أَمۡوَٰلِهِمۡ وَٱشۡدُدۡ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَلَا يُؤۡمِنُواْ حَتَّىٰ يَرَوُاْ ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَلِيمَ ﴿٨٨﴾

*رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى ئۇ كاپىر قەۋمدىن قۇتقۇزغىن»① [86]. بىز مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىغا: «قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەر ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار②، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، (ئى مۇسا!) مۇئمىنلەرگە (دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ۋەھيي قىلدۇق [87]. مۇسا ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا دۇنيا ھاياتىدا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكلەرنى بەردىڭ، ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلار (بۇ نېمەتلەر بىلەن ئىنسانلارنى) يولۇڭدىن ئازدۇرۇۋاتىدۇ. ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى يوق قىلىۋەتكىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى*

***قاتتىق قىلغىن③ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەردلىك ئازابنى كۆرگەنگە قەدەر ئىمان ئېيتمىسۇن④» [88].***

① ئۇلار ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇئامۇ قىلدى. ئەلۋەتتە دۇئا مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ قورال ۋە مۇھىم ۋاستىدۇر.

② بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئىبادەتخانىلارغا بارساڭلار، پىرئەۋن تەرىپىدىن خەۋپ يېتىشتىن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراشتىن قورقساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى مەسجىد قىلىۋېلىڭلار، ئۆيلىرىڭلاردا ناماز ئوقۇغاندا قىبلىگە يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە يۈزلىنىڭلار.

③ مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىغا ۋەز-نەسىھەتنىڭ ھېچقانداق تەسىرى بولمىغانلىقى، ھەتتا مۆجىزىلەرنى كۆرۈپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش پەيدا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەققىدە بەددۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاللاھ تائالا بۇ يەردە كەلتۈردى.

④ يەنى ئازابنى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمىسۇنكى، ئۇلارغا ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمىسۇن. بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال پەيدا بولۇشى مۇمكىن: پەيغەمبەر دېگەن قەۋمىنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ، بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن بەددۇئا قىلدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەيغەمبەر ھەر خىل دەلىل-پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ، دەۋەتنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىد قالمىغان چاغدا، ئەڭ ئاخىرقى چارە ئۇلارنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ تىلى بىلەن ئىختىيارسىز چىققان سۆزلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن چىققان بولىدۇ. بۇ خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ توققۇز يۈز ئەللىك يىل دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى قەۋمى ھەققىدە بەددۇئا قىلغانغا ئوخشايدۇ. ﴿نۇھ ئېيتتى: پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان بالىلىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ﴾. (سۈرە نۇھ 26-، 27-ئايەت)

قَالَ قَدۡ أُجِيبَت دَّعۡوَتُكُمَا فَٱسۡتَقِيمَا وَلَا تَتَّبِعَآنِّ سَبِيلَ ٱلَّذِينَ
لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٨٩﴾ ۞ وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ فَأَتۡبَعَهُمۡ فِرۡعَوۡنُ
وَجُنُودُهُۥ بَغۡيٗا وَعَدۡوًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَدۡرَكَهُ ٱلۡغَرَقُ قَالَ ءَامَنتُ أَنَّهُۥ
لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱلَّذِيٓ ءَامَنَتۡ بِهِۦ بَنُوٓاْ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَأَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴿٩٠﴾

***ئاللاھ ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار① ، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار② » [89]. بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق③ ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى④ . پىرئەۋن غەرق بولىدىغان چاغدا «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مەنمۇ مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى [90].***

① بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، سىلەر قىلغان بەددۇئايىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار، گەرچە دۇئانىڭ نەتىجىسى كېچىكسىمۇ. چۈنكى سىلەرنىڭ تىلىكىڭلار ئىجابەت قىلىندى. ئەمما ئۇنى قاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىزنىڭ ئىرادىمىز ۋە ھېكمىتىمىزگە باغلىقتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە مۇشۇ بەددۇئادىن قىرىق يىل كېيىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ھالاك قىلىندى. بەددۇئاغا ئاساسەن پىرئەۋن غەرق بولۇپ كېتەي دەپ قالغان چاغدا ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئېلان قىلدى، بۇ چاغدىكى ئىماننىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. ئىككىنچى مەنىسى شۇكى، سىلەر ئىسرائىل ئەۋلادىنى دەۋەت قىلىش، ھىدايەتكە باشلاش ۋە ئۇلارنى پىرئەۋننىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇڭلار.

② يەنى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ھېكمىتىنى چۈشەنمەيدىغان نادانلاردەك بولماڭلار، ئەڭ ياخشىسى چىدامچانلىق بىلەن سەۋر قىلىڭلار، غەلىبىنى كۈتۈڭلار، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرى بويىچە دەرھال ياكى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن، ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ.

③ ﴿يەنى دېڭىزنى كېسىپ، قۇرۇق يول پەيدا قىلىپ بەردۇق﴾ سۈرە

بەقەرە 50-ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك (ئۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە شۇئەرادە كېلىدۇ) يەنى سىلەرنى دېڭىزنىڭ بىر قىرغىقىدىن يەنە بىر قىرغىقىغا يەتكۈزدۇق.

④ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ياسالغان مۆجىزىلىك قۇرۇق يول بىلەن يۈرۈپ، دېڭىزدىن بىخەتەر ئۆتتى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىمۇ قارشى قىرغاقتا ئۆتۈش ئۈچۈن دېڭىزغا كىردى. ئۇلارنىڭ مەقستى مۇسا ئەلەيھىسسالام قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېچىلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قايتىدىن قۇللۇققا قايتۇرۇش ئىدى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى دېڭىزغا تولۇق كىرىپ بولغاندا، ئاللاھ تائالا دېڭىزنى ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتىشقا ئەمر قىلدى. نەتىجىدە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ بارلىق قوشۇنى دېڭىزغا غەرق بولدى.

ءَآلْـَٔـٰنَ وَقَـدْ عَصَيْـتَ قَبْـلُ وَكُنـتَ مِـنَ ٱلْمُفْسِـدِينَ ﴿٩١﴾ فَٱلْيَـوْمَ
نُنَجِّيـكَ بِبَدَنِـكَ لِتَكُـونَ لِمَـنْ خَلْفَـكَ ءَايَـةًۚ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّـنَ ٱلنَّاسِ
عَـنْ ءَايَـٰتِنَـا لَغَـٰفِلُـونَ ﴿٩٢﴾ وَلَقَـدْ بَوَّأْنَـا بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مُبَوَّأَ صِدْقٍ
وَرَزَقْنَـٰهُـم مِّـنَ ٱلطَّيِّبَـٰتِ فَمَـا ٱخْتَلَفُـوا۟ حَـتَّىٰ جَآءَهُـمُ ٱلْعِلْـمُۚ إِنَّ
رَبَّـكَ يَقْـضِى بَيْنَهُـمْ يَـوْمَ ٱلْقِيَـٰمَـةِ فِيمَـا كَانُـوا۟ فِيـهِ يَخْتَلِفُـونَ ﴿٩٣﴾
فَـإِن كُنـتَ فِى شَـكٍّ مِّمَّـآ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ فَسْـَٔلِ ٱلَّذِيـنَ يَقْـرَءُونَ ٱلْكِتَـٰبَ
مِـن قَبْلِـكَۚ لَقَـدْ جَـآءَكَ ٱلْحَـقُّ مِـن رَّبِّـكَ فَـلَا تَكُونَـنَّ مِـنَ
ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿٩٤﴾

***(ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىلدى) «ئەمدىمۇ؟ (يەنى ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە ئەمدى ئىمان ئېيتامسەن؟) ھالبۇكى، ئىلگىرى (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلاردىن ئىدىڭ① [91]. سېنىڭ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن②، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)». شەكسىزكى، نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ***

**ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر [92]. شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى (ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن) ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلارنى شېرىن نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارغا (تەۋراتتىن ئىبارەت) ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار (دىن ئىشىدا) ئىختىلاپ قىلىشتى③. قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ [93]. (ئى پەيغەمبەر!) مۇبادا بىز ساڭا نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلەنسەڭ، سەندىن ئىلگىرى (بىز نازىل قىلغان) كىتاب (تەۋرات)نى ئوقۇيدىغانلاردىن سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى، ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ھەق (قۇرئان) كەلدى. شۇڭا سەن ھەرگىز شەكلەنگۈچىلەردىن بولمىغىن④ [94].**

① ئاللاھ تەرەپتىن جاۋاب بېرىلدىكى، ئەمدى ئېيتقان ئىمانىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئىلگىرى ئىمان ئېيتىدىغان چاغلاردا بولسا، ئىتائەتسىزلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلاردىن بولدۇڭ.

② پىرئەۋن غەرق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، خېلى كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭ راست ئۆلگەنلىكىدىن شەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ تائالا دېڭىزغا ئۇنىڭ جانسىز جەسىتىنى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇرۇق زېمىنغا چىقىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ جەسىتى مىسىر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

③ يەنى ئۇلار ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقا باشلىدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشمۇ جاھالەت ۋە بىلمەسلىك سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن سادىر بولدى، دېمەك ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشى تەكەببۇرلۇق ۋە تەرسالىقتىن كېلىپ چىققاندى.

④ بۇ يەردىكى خىتاب ئارقىلىق ئومۇمىي ئىنسانلارغا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۈممىتىگە يوليورۇق بېرىلىۋاتىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي ھەققىدە شەكتە بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ﴿ سەندىن ئىلگىرى (بىز نازىل قىلغان) كىتاب (تەۋرات) نى ئوقۇغانلاردىن سوراپ باققىن﴾ دېگەندىن مەقسەت قۇرئان كەرىمدىن

ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلار (تەۋرات بىلەن ئىنجىل ۋە باشقا كىتابلار) كىملەردە بولسا، شۇلاردىن قۇرئان ھەققىدە سوراپ باققىن، چۈنكى ئۇ كىتابلاردا قۇرئان كەرىمنىڭ ئالامەتلىرى، مەلۇماتلىرى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان.

وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَتَكُونَ مِنَ
ٱلْخَٰسِرِينَ ٩٥ إِنَّ ٱلَّذِينَ حَقَّتْ عَلَيْهِمْ كَلِمَتُ رَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ ٩٦
وَلَوْ جَآءَتْهُمْ كُلُّ ءَايَةٍ حَتَّىٰ يَرَوُاْ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَلِيمَ ٩٧ فَلَوْلَا كَانَتْ
قَرْيَةٌ ءَامَنَتْ فَنَفَعَهَآ إِيمَٰنُهَآ إِلَّا قَوْمَ يُونُسَ لَمَّآ ءَامَنُواْ كَشَفْنَا
عَنْهُمْ عَذَابَ ٱلْخِزْيِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَمَتَّعْنَٰهُمْ إِلَىٰ حِينٍ ٩٨

***سەن ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن① [95]. شۈبھىسىزكى، رەببىڭنىڭ (كۇفرى ئۈستىدە ئۆلىدۇ دېگەن) سۆزى تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ [96]. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە② (ئىمان ئېيتمايدۇ) [97]. (ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا③ (ئازابنىڭ شەپىسىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتتى، رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى دۇنيا ھاياتىدا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (ھاياتلىقتىن) بەھرىمەن قىلدۇق④ [98].***

① بۇ ئايەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پۈتۈن ئۈممەتكە خىتاب قىلىنىپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلىۋاتىدۇ.

② ئۇلار كۇفرىغا ۋە گۇناھ-مەئسىيەتكە شۇ قەدەر چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەن كىشىلەركى، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت تەسىر قىلمايدۇ، دەلىل-ئىسپاتلار كار قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىتائەتسىزلىكنى

داۋاملاشتۇرىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئىي مايىللىق ۋە سالاھىيەتنى يوقاتقان. شۇڭا ئۇلار قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە ھوشىنى تاپمايدۇ، ئۇ چاغدىكى ئىمان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. ﴿بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى﴾. (سۈرە غافىر 85-ئايەت)

③ رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ﴿لَوْلَا﴾ بۇ يەردە "هَلَّا" «نېمە ئۈچۈن» دېگەن مەنىدە كەلگەن، شۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ شەرھىسى مۇنداق بولىدۇ: بىز ھالاك قىلغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە نېمە ئۈچۈن ئىمان ئېيتىپ، ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن بىرەر شەھەر ئاھالىسى بولمىدى؟ ئەگەر شۇنداق ئىمان ئېيتقانلار بولسا، ھالاكەتتىن ساقلىنىپ قالار ئىدى. شۇنداقلاردىن پەقەت يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملا ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسىنى كۆردى. ئىمان ئېيتقانلىقى سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىشنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: ئۆز ۋاقتىدا يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە قىلغان دەۋەت-تەبلىغلىرىنىڭ ھېچ تەسىرى بولمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا: پالانى كۈنى سىلەرگە ئازاب كېلىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. ئاندىن ئۆزى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار پەيغەمبىرى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆز - كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا، بالا-چاقىلىرىنى ھەتتا چارۋا-ماللىرىنى بىر مەيدانغا يىغىپ، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئىزھار قىلىپ، تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىشقا باشلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتتى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان يولۇچىلاردىن قەۋمىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى، ئۇ ئازابنىڭ ئۆز قەۋمىدىن كۆتۈرۈۋېتىلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىنكار قىلغان قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىشنى خالىمىدى، بەلكى ئۇلاردىن نارازى بولۇپ، باشقا تەرەپكە راۋان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېمىدە كېتىۋاتقاندا بېلىق يۇتۇپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. (فەتھۇلقەدىر) (بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ) يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قاچان ئىمان ئېيتقان؟ بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش بار: بىرىنچى قاراش بويىچە ئۇلار ئازابنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتقان، ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا ئېيتقان ئىمان پايدا بەرمەيتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مەزكۇر قانۇنىدىن مۇستەسنا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلدى. ئىككىنچى

قاراش بويىچە ئۇلار ئىمان ئېيتقان چاغدا ئازاب تېخى كەلمىگەن ئىدى، يەنى ئۇلار ئىمان پايدا بەرمەيدىغان باسقۇچقا تېخى يەتمىگەن چاغدا ئىمان ئېيتقان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ ئىمانى پايدا بەردى، قوبۇل بولدى. ئەمما قۇرئان كەرىم ﴿إِلَّا﴾ دېگەن ئىستىسنا سۆزى بىلەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى مۇستەسنا قىلدى. بۇ قاراش بىرىنچى قاراشتىكى تەپسىرنى كۈچلەندۈرىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

④ قۇرئان كەرىم دۇنيادىكى ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئوچۇق بايان قىلدى، ئەمما ئاخىرەتتىكى ئازاب ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى. شۇ ۋەجىدىن بەزى مۇپەسسىرلەر: ئاخىرەتتىكى ئازاب ئۇلاردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق دەپ قارىدى. لېكىن قۇرئان كەرىم دۇنيادىكى ئازابنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىك سەۋەبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرەتتىكى ئازاب ھەققىدە ئايرىم چۈشەنچە بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. چۈنكى ئاخىرەتتىكى ئازاب ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقان ياكى ئېيتمىغانلىقىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندا ئىزچىل تۇرغان بولسا (بۇ يەردە ئۇ ھەقتە مەلۇمات يوق)، ئەلۋەتتە ئاخىرەتتىكى ئازابتىنمۇ ئامان قالىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلار پەقەت دۇنيادىلا ئازابتىن ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ لَءَامَنَ مَن فِى ٱلْأَرْضِ كُلُّهُمْ جَمِيعًا ۚ أَفَأَنتَ تُكْرِهُ
ٱلنَّاسَ حَتَّىٰ يَكُونُوا۟ مُؤْمِنِينَ ﴿٩٩﴾ وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَن تُؤْمِنَ إِلَّا
بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَيَجْعَلُ ٱلرِّجْسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ ﴿١٠٠﴾

***ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتى①، سەن ئىنسانلارنى مۇئمىن بولۇشقا زورلاپ، ئىمان ئېيتقۇزالامسەن؟ [99]. ۋەھالەنكى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولماستىن ھېچكىم ئىمان ئېيتمايدۇ، ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلارنى ئاللاھ (كۇفرى ۋە ئازابتىن ئىبارەت)***

*پاسكىنچىلىققا گىرىپتار قىلىدۇ② [100].*

① لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنداق بولۇشىنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى، بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ دېيىلىشىكى سەۋەب شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىنسانلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا، ئىشلارنىڭ ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى چوڭقۇر ھېكمەت ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنداق قىلىش ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى ئەمەس ئىدى. شۇڭا كېيىنكى ئايەتتە دېيىلدىكى: ﴿سەن ئىنسانلارنى مۇئمىن بولۇشقا زورلاپ، ئىمان ئېيتقۇزالامسەن؟﴾ سەن ئۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانمۇ ئەمەس، ھەم سېنىڭ بۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ.

② بۇ يەردىكى ﴿الرِّجْسَ﴾ «پاسكىنچىلىق» دېگەندىن كۇفرى ياكى ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان كىشىلەر كۇفرىغا مۇپتىلا بولۇپ ياشايدۇ، نەتىجىدە ئازابقا لايىق بولىدۇ.

قُلِ ٱنظُرُواْ مَاذَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَمَا تُغۡنِي ٱلۡأٓيَٰتُ وَٱلنُّذُرُ
عَن قَوۡمٖ لَّا يُؤۡمِنُونَ ١٠١ فَهَلۡ يَنتَظِرُونَ إِلَّا مِثۡلَ أَيَّامِ ٱلَّذِينَ
خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِهِمۡۚ قُلۡ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ١٠٢
ثُمَّ نُنَجِّي رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ كَذَٰلِكَ حَقًّا عَلَيۡنَا نُنجِ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٠٣ قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِن كُنتُمۡ فِي شَكّٖ مِّن دِينِي فَلَآ
أَعۡبُدُ ٱلَّذِينَ تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَٰكِنۡ أَعۡبُدُ ٱللَّهَ ٱلَّذِي
يَتَوَفَّىٰكُمۡۖ وَأُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٠٤

*ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆزىتىڭلار. (ئەمما بۇلاردىكى) دەلىللەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار ئىمان*

***ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدا بەرمەيدۇ [101]. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە كەلگەن (ئازابلىق) كۈنلەرنى كۈتىدۇ». (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتكۈچىلەردىنمەن① » [102]. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ۋە مۇئمىنلەرنى (ئازابتىن) قۇتقۇزىمىز، بىز مۇئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز، بۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر [103]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى②، «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلانساڭلار، (شۇنى بىلىڭلاركى) مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا چوقۇنمايمەن③، لېكىن مەن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدىغان ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمەن④، مەن مۇئمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» [104].***

① يەنى بۇ ھېچبىر دەلىل ۋە ئاگاھلاندۇرۇش تەسىر قىلمايدىغان بىر قەۋمدۇر، شۇڭا ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغىمۇ تارىخ تەكرارلىنىپ، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە كەلگەن ئازابلىق كۈنلەرنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىشىنى كۈتەمدۇ؟ يەنى ئىلگىرىمۇ مۇئمىنلەر ئامان قېلىپ، (كېيىنكى ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ) باشقىلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىناتتى. ئەگەر شۇ كۈننى كۈتىدىغان بولساڭلار، بوپتۇ، سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە كۈتىمەن.

② بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ئەمر قىلىۋاتىدۇكى، سەن بارلىق ئىنسانلارغا: مېنىڭ تۇتقان يولۇم مۇشرىكلارنىڭ تۇتقان يولىغا ئوخشىمايدۇ، ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم يولدۇر، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلغىن.

③ يەنى ئەگەر سىلەر بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىنىدىغان، بىردىنبىر توغرا دىن بولغان-مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلانساڭلار، بىلىڭلاركى، مەن سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلارغا ھەر قانداق ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ چوقۇنمايمەن.

④ يەنى ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ئۇنىڭ ئىلكىدە، شۇڭا ئۇ خالىغان ۋاقىتتا سىلەرنى ھالاك قىلالايدۇ، چۈنكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ جانلىرى ئۇنىڭ ئىلكىدە.

وَأَنْ أَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٠٥﴾ وَلَا
تَدْعُ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكَ وَلَا يَضُرُّكَ ۖ فَإِن فَعَلْتَ فَإِنَّكَ إِذًا
مِّنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠٦﴾ وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَ ۖ
وَإِن يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلَا رَآدَّ لِفَضْلِهِۦ ۚ يُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنْ
عِبَادِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٧﴾

***يەنە (ماڭا): «(باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ) توغرا دىنغا يۈزلەنگىن①، مۇشرىكلاردىن بولمىغىن [105]. ئاللاھنى قويۇپ، ساڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا چوقۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم (ئۆزۈڭگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن② [106]. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى يوقتۇر، ئەگەر (ئاللاھ) ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ بۇ مەرھەمىتىنى قايتۇرۇۋەتكۈچى يوقتۇر③، ئاللاھ مەرھەمىتىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر» (دەپ ۋەھيى قىلىندى) [107].***

① ﴿حَنِيفًا﴾نىڭ مەنىسى خاتا يوللاردىن بۇرۇلۇپ، توغرا يولغا يۈزلىنىش، يەنى بارلىق دىنلارنى تاشلاپ، پەقەت ئىسلام دىنىنى تاللاش ۋە ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىش، بارلىق يوللارنى تاشلاپ، پەقەت ئاللاھ تەرەپكە يۈزلىنىش دېمەكتۇر.

② يەنى ئەگەر ئاللاھقا ئىلتىجا قىلماي، ھېچكىمگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان مەبۇدلارغا دۇئا قىلساڭلار، زۇلۇم قىلغان بولىسىلەر. زۇلۇمنىڭ مەنىسى ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىغا قويماسلىق دېمەكتۇر. ئىبادەت پەقەت پۈتۈن كائىناتنى ياراتقان، ھاياتلىقنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاپ بېرىۋاتقان ئاللاھنىڭ ھەققى بولغاچقا، ئىبادەتكە لايىق زاتنى تاشلاپ، باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، ئىبادەتنى ئۆز جايىغا قىلمىغانلىق بولىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ زۇلۇم دەپ ئاتالدى. بۇ يەردىمۇ گەرچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا

خىتاب قىلىنغان بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇ خىتاب پۈتۈن ئىنسانلارغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قارىتىلغاندۇر.

③ بۇ يەردە ياخشىلىق ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى دەپ ئاتالدى، چۈنكى ياخشىلىق ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە كۆرسەتكەن مەرھەمىتىدۇر، گەرچە ئۇلار مەرھەمەتكە لايىق بولمىسىمۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىگە قارىماستىن ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ پەزلى-كەرىمىدۇر.

قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُمُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَنِ ٱهْتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهْتَدِى لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۖ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيْكُم بِوَكِيلٍ ﴿١٠٨﴾ وَٱتَّبِعْ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيْكَ وَٱصْبِرْ حَتَّىٰ يَحْكُمَ ٱللَّهُ ۚ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿١٠٩﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەق (دىن) كەلدى①، ئەمدى كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ②، كىمكى ئازىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ③، مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەسمەن④» [108]. (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگەشكىن (يەنى ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۇنى يەتكۈزگىن). ئاللاھ (سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقارغۇچە (دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە) سەۋر قىلغىن⑤، ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر⑥ [109].*

① بۇ يەردىكى ﴿الْحَقُّ﴾ «ھەق» دېگەندىن قۇرئان كەرىم ۋە ئىسلام دىنى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش ناھايىتى زۆرۈردۇر.

② يەنى ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

③ يەنى ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىيامەت كۈنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ. گويا كىمكى ھىدايەت يولىنى تاللىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى زىيادە بولۇپ قالمىغاندەك، كىمكى كۇفرى ۋە گۇمراھلىق يولىنى تاللىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن ھېچنەرسە كەم بولۇپ قالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئىمان ۋە ھىدايەت يولىغا تەرغىب قىلىش، كۇفرى ۋە گۇمراھلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ پايدىسىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولىدۇ. بۇنىڭ ئاللاھقا ھېچ پايدىسى يوقتۇر.

④ يەنى ماڭا سىلەرنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن مۇسۇلمان قىلىش مەجبۇرىيىتى يۈكلەنگەن ئەمەس، بەلكى مەن پەقەت سىلەرگە بېشارەت بەرگۈچى، سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگۈچى ۋە دەۋەت قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت مۆئمىنلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش، ناپەرمانلىق قىلغانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. كىمكى بۇ دەۋەتكە ئىشەنسە، پايدىسى ئۆزىگە؛ كىمكى ئۇنىڭغا ئىشەنمىسە، مەن ئۇنى مەجبۇرىي شەكىلدە ئىشەندۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئەمەسمەن.

⑤ ئاللاھ ساڭا ۋەھيي قىلغان نەرسىگە چىڭ ئېسىلغىن. بۇيرۇغان نەرسىنى بەجا كەلتۈرگىن. چەكلىگەن نەرسىدىن ساقلانغىن. بۇ ئىشلاردا بېپەرۋالىق قىلمىغىن. ۋەھيىگە ئەگىشىشتە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە، قارشىلاشقۇچىلار تەرەپتىن كەلگەن كۈلپەتلەرگە، دەۋەت قىلىش جەريانىدە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلغىن ۋە بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇپ كۆرەش قىلغىن.

⑥ چۈنكى، ئۇ ئىلمى چەكسىز، كۈچ-قۇدرىتى تەڭداشسىز، رەھمىتى ھەممىگە ئورتاق زات تۇرسا، ئۇنىڭدىن ياخشىراق ھۆكۈم چىقىرىدىغان يەنە كىم بار؟

# سۈرە ھۇد

| (١١) سورة هود مكية ١٢٣ آية | (11) سۈرە ھۇد مەككىدە چۈشكەن 123 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓرۚ كِتَٰبٌ أُحۡكِمَتۡ ءَايَٰتُهُۥ ثُمَّ فُصِّلَتۡ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ خَبِيرٍ ١
أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَۚ إِنَّنِي لَكُم مِّنۡهُ نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ ٢ وَأَنِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ
رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُمَتِّعۡكُم مَّتَٰعًا حَسَنًا إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى
وَيُؤۡتِ كُلَّ ذِي فَضۡلٖ فَضۡلَهُۥۖ وَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ
عَذَابَ يَوۡمٖ كَبِيرٍ ٣ إِلَى ٱللَّهِ مَرۡجِعُكُمۡۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٤

***ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان① ئايەتلىرى (ھەر جەھەتتىن) پۇختا تۈزۈلگەن②، ئاندىن (ئەقىدە، ئەھكام، ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان③ كىتابتۇر [1]. (بۇ كىتاب سىلەرنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن (نازىل قىلىندى). (ئى پەيغەمبەر ئېيتقىنكى،) «(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن [2]. سىلەر***

*پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ④، ھەربىر ياخشى ئىش قىلغۇچىغا ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ، ئەگەر (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەرنىڭ چوڭ كۈننىڭ⑤ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن [3]. سىلەرنىڭ (ئۆلگەندىن كېيىن) قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» [4].*

★ بۇ سۈرىدىمۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان قەۋملەرنىڭ تارىخ بەتلىرىدىن خاتا ھەرپ ئۆچۈرۈلگەندەك ئۆچۈرۈلگەنلىكى ياكى تارىخ بەتلىرىدە ئىبرەت ئۈچۈن قالدۇرۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا ئىمام تىرمىزى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! چېچىڭ ئاقىرىپ كېتىپتۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چېچىمنى ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسالات، نەبە ۋە تەكۋىر سۈرىلىرى ئاقارتىۋەتتى» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «سۈرە ھۇد ۋە ئۇنىڭغا مەزمۇنداش سۈرىلەر چېچىمنى ئاقارتىۋەتتى» دېگەن. (سۇنەنى تىرمىزى 329 ـ ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى ئەلبانى 3 ـ توم، 113 ـ ھەدىس)

① يەنى ئۇنىڭ سۆزلىرى ھېكمەتكە تولغاندۇر، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان سۆزلەر ھېكمەتتىن خالىي ئەمەس. ئۇ يەنە بارلىق ئىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر. دېمەك بۇ قۇرئان ھېكمەتلىك ۋە ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بولغاچقا، پەقەت ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلغان كىشىلا يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

② يەنى سۆز ـ ئىبارىلىرى شۇ قەدەر پۇختا، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، جۈملىلەرنىڭ تەركىبى ۋە مەنىلىرىدە ھېچقانداق خاتالىق يوقتۇر.

③ يەنە بۇ ئەقىدە، ئەھكام، شەرىئەتلەر، ۋەز-نەسىھەتلەر، قىسسىلەر، ئىمان ئەركانلىرى، ئەدەپ-ئەخلاق شۇ قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇركى، ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك كىتاب بولغان ئەمەس.

④ قۇرئان كەرىم ئۇمۇمەن دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ﴿مَتَاعُ الْغُرُوْرِ﴾ غاپىل ئادەم ئالدىنىپ بەھرىمەن بولىدىغان نەرسە دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ ئايەتتە بولسا ﴿مَتَاعًا حَسَنًا﴾ ئوبدان بەھرىمەن بولىدىغان نەرسە دېدى. بۇنىڭ مەنىسى، كىمكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولغان ھالدا دۇنيادىن بەھرىمەن بولىدىكەن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن دۇنيا غاپىل ئادەم ئالدىنىپ بەھرىمەن بولىدىغان نەرسە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى ئاخىرەتتە يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلغان ھالدا دۇنيادىن بەھرىمەن بولىدىكەن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ بىر قانچە كۈنلۈك دۇنيا ئوبدان بەھرىمەن بولىدىغان نەرسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مال-دۇنيانى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تاپىدۇ ۋە شۇ بويىچە سەرپ قىلىدۇ.

⑤ «چوڭ كۈن»دىن قىيامەت كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

أَلَآ إِنَّهُمۡ يَثۡنُونَ صُدُورَهُمۡ لِيَسۡتَخۡفُواْ مِنۡهُۚ أَلَا حِينَ يَسۡتَغۡشُونَ
ثِيَابَهُمۡ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ
ٱلصُّدُورِ ٥

***بىلىڭلاركى، ئۇلار (كۆڭلىدىكىنى) ئاللاھتىن يوشۇرۇش ئۈچۈن تۈگۈلۈۋالىدۇ①، بىلىڭلاركى، ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغان چاغلىرىدىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر [5].***

① بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ھەر

خىل قاراشلار مەۋجۇت، شۇ ۋەجىدىن ئايەتنىڭ ئۇقۇمىدىمۇ ئوخشاشماسلىق پەيدا بولغان. سەھىھۇل بۇخارىدا بايان قىلىنغان سۈرە ھۇدنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدىكى ھەدىستىن مەلۇم بولۇشىچە بۇ ئايەت شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغانكى، ئۇلار «ئاللاھ تائالا بىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ» دەپ، قاتتىق ھايا قىلغانلىقتىن ھاجەت قىلغاندا ياكى ئايالى بىلەن بىر يەردە بولغاندا كىيىملىرىنى سېلىپ، يالىڭاچ بولۇشنى ياقتۇرمايتتى. بۇنداق چاغدا ئەۋرەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن مەيدىلىرىنى تۆۋەنگە قىلىۋالاتتى يەنى تۈگۈلىۋالاتتى. شۇڭا بۇ يەردە دېيىلدىكى، ئۇلار كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا كىيىملىرى ۋە يېپىنچىلىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغانلىرىدىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. دېمەك شەرمي-ھايا تۇيغۇسى ئۆز جايىدا ۋە لايىقىدا بولغان ياخشى، ئەمما ھايا قىلدىم دەپ بەكلا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھېچكىم ئاللاھتىن ھېچنەرسىنى يوشۇرالمايدۇ. ئەمما ئايەتنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا، تېما مۇشرىكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئېتىقادى بويىچە، ئاللاھ بىزنىڭ يوشۇرغانلىرىمىزنى بىلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ خاتا قاراشلىرى ئەيىبلەندى. (تەپسىر ۋەسىت، تەنتاۋى)

وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي ٱلْأَرْضِ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ رِزْقُهَا وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا
وَمُسْتَوْدَعَهَا ۚ كُلٌّ فِي كِتَٰبٍ مُّبِينٍ ﴿٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ وَكَانَ عَرْشُهُۥ عَلَى ٱلْمَآءِ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ
أَحْسَنُ عَمَلًا ۗ وَلَئِن قُلْتَ إِنَّكُم مَّبْعُوثُونَ مِنۢ بَعْدِ ٱلْمَوْتِ
لَيَقُولَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧﴾

***يەر يۈزىدىكى ھەربىر جانلىققا رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان①، ئاللاھ ئۇ جانلىقنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان (ساقلىنىدىغان) جايىنى② بىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابتا مەۋجۇتتۇر (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندۇر) [6]. ئاللاھ سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن③ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان زاتتۇر. (ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى) ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى④. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن (كاپىرلارغا): «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر!» دېسەڭ، كاپىر بولغانلار چوقۇم: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەيدۇ [7].***

① يەنى ھەربىر جانلىقنىڭ رىزقى ئاللاھنىڭ زىممىسىدە ۋە كاپالىتىدە بولىدۇ. زېمىندا يۈرگەن ھەر قانداق مەخلۇق، مەيلى ئىنسان بولسۇن ياكى جىن بولسۇن، مەيلى ھايۋانلار بولسۇن ياكى ئۇچار-قۇشلار بولسۇن، مەيلى ئۇلار قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان بولسۇن ياكى دېڭىزدا ياشايدىغان بولسۇن، چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ھەربىر تۈرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا ھەممىگە رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ.

② مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ﴿مُسْتَقَرَّ﴾ ۋە ﴿مُسْتَوْدَعَ﴾نى تونۇشتۇرۇشتا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. مەسىلەن، بەزى مۇپەسسىرلەر: زېمىننىڭ چېكى (مېڭىپ-مېڭىپ ئاخىرلىشىدىغان جاي) نى ﴿مُسْتَقَرَّ﴾، نەرسە ساقلايدىغان ئامبارنى ﴿مُسْتَوْدَعَ﴾ دېسە، يەنە بەزىلەر: ئانىنىڭ رەھمىنى ﴿مُسْتَقَرَّ﴾، ئاتىنىڭ سولبىنى ﴿مُسْتَوْدَعَ﴾ دەيدۇ، يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر: ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تۇرار جايىنى ﴿مُسْتَقَرَّ﴾ ۋە ئۆلگەندىن

كېيىن كۆمۈلىدىغان جايىنى ﴿مُسْتَوْدَعَ﴾ دەپ قارايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُسْتَوْدَعَ﴾ دېگەن ئانىنىڭ رەھىمى ياكى تۇخۇمغا ئوخشاش ئىچىدە بىر نەرسە ساقلىنىدىغان جايىنى، ﴿مُسْتَقَرَّ﴾ دېگەن زېمىننىڭ ئۈستىدە ئولتۇراقلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ئايەتتۇر: ﴿وَلَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَىٰ حِينٍ﴾ ﴿يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق (ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىشىڭلار ۋە (نېمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇشۇڭلار﴾. (سۈرە بەقەرە 36-ئايەت) ھەر ھالدا قايسىبىر ئۇقۇم ئېلىنسۇن، ئايەتنىڭ مەنىسى ئېنىق. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەربىر جانلىقنىڭ تۇرار جايىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلگۈچى ۋە شۇ يەرگە ئۇنىڭ رىزقىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە قادىر ھەم رىزىق بېرىشنى ئۈستىگە ئالغۇچىدۇر. ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىشنى ناھايىتى مۇكەممەل دەرىجىدە ئادا قىلغۇچىدۇر.

③ بۇ سۆز سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى يازغان. ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى». (سەھىھ مۇسلىم 2653-ھەدىس)

④ يەنى ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىننى بىكاردىنلا، مەقسەتسىز ياراتقان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى يارىتىشتىن مەقسەت ئىنسانلار ۋە جىنلار (دىن كىمنىڭ ئەمەلىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناشتۇر.

ئەسكەرتىش: ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن» دېدى؛ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى كۆپ ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن دېمىدى. چۈنكى، ھەر قانداق ئەمەل بىرىنچىدىن: پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بولسا، ئىككىنچىدىن: سۈننەتكە مۇۋاپىق بولسا، ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق ئەمەلدە بۇ ئىككى شەرتنىڭ بىرى كەم بولسا، ئۇ ئەمەل ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ ۋە ياخشى ئەمەل ھېسابلانمايدۇ.

وَلَئِنْ أَخَّرْنَا عَنْهُمُ ٱلْعَذَابَ إِلَىٰٓ أُمَّةٍ مَّعْدُودَةٍ لَّيَقُولُنَّ مَا يَحْبِسُهُۥٓ

أَلَا يَوْمَ يَأْتِيهِمْ لَيْسَ مَصْرُوفًا عَنْهُمْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ
يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٨﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ مِنَّا رَحْمَةً ثُمَّ نَزَعْنَٰهَا مِنْهُ
إِنَّهُۥ لَيَـُٔوسٌ كَفُورٌ ﴿٩﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَٰهُ نَعْمَآءَ بَعْدَ ضَرَّآءَ مَسَّتْهُ
لَيَقُولَنَّ ذَهَبَ ٱلسَّيِّـَٔاتُ عَنِّىٓ ۚ إِنَّهُۥ لَفَرِحٌ فَخُورٌ ﴿١٠﴾

*ئەگەر بىز ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابنى چەكلىك (يەنى ساناقلىق) ۋاقىت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار چوقۇم (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «ئۇنى نېمە توسۇپ قالغاندۇ؟» دەيدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن كۈندە، ئۇ ئازاب ئۇلاردىن قايتۇرۇلمايدۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىۋالىدۇ① [8]. ئەگەر بىز ئىنسانغا ئۆز تەرىپىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتىپ، ئاندىن شۇ نېمەتنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ چوقۇم بەك ئۈمىدسىز ۋە تۇزكور بولۇپ كېتىدۇ② [9]. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا (پېقىرلىق، كېسەللىك، قاتتىقچىلىقتىن ئىبارەت) بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتىن كېيىن بىر نېمەتنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «مەندىن يامانلىقلار (يەنى بالا ـ كۈلپەتلەر كۆتۈرۈلۈپ) كەتتى (ئەمدى كەلمەيدۇ)»③ دەپ شەك ـ شۈبھىسىز كۆرەڭلەپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ④ [10].*

① ئۇلارنىڭ ئازابنى تېزراق كەلسۇن دەپ ئالدىراتقانلىقى مەسخىرە قىلغانلىق ئىدى. چۈنكى ئۇلار مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئالدىراتتى ۋە يۈقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلاتتى. ھەر ھالدا بۇ يەردە بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسەت قىلىنغان نۇقتا شۇكى، ئازاب ئاللاھ تەرەپتىن كېچىكتۈرۈلگەن بولسا، ئىنسان غەپلەتكە پېتىپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا جازالاشقا قادىردۇر. (فەتھۇلقەدىر) ﴿أُمَّةٍ﴾ دېگەن سۆزنىڭ ھەر خىل مەنىلىرى بار، بۇ سۆز قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە سۈرىدە ھەر خىل مەنىلەردە كەلگەن. ئۇ " أَمَّ " دېگەن سۆز يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، مەقسەت قىلماق، يۈزلەنمەك، كۆزلىمەك دېگەن مەنىدە. بۇ سۈرىنىڭ 8-ئايىتىدىكى ﴿أُمَّةٍ﴾ دېگەن سۆز «مەلۇم ۋاقىت ۋە ساناقلىق مۇددەت» مەنىسىدە كەلگەن. (فەتھۇلقەدىر) يەنە سۈرە يۇسۇف 45-ئايەتتىمۇ مۇددەت مەنىسىدە كەلگەن: ﴿وَادَّكَرَ بَعْدَ

أُمَّةٍ﴾ ﴿ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۇسۇفنى) ئېسىگە ئالغان بىرى﴾. ئۇنىڭدىن باشقا ئىمام ۋە پېشۋا مەنىسىدىمۇ كەلگەن، مەسىلەن: ﴿اِنَّ اِبْرٰهِيْمَ كَانَ اُمَّةً﴾ ﴿شەكسىزكى، ئىبراھىم ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى بىر پېشۋا ئىدى﴾. ) سۇرە نەھل 120-ئايەت) يەنە يول ۋە دىن مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن: ﴿إِنَّا وَجَدْنَا آبَاءَنَا عَلَى أُمَّةٍ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز﴾. (سۇرە زۇخرۇف 23-ئايەت) جامائە ۋە كىشىلەر توپى مەنىسىدىمۇ كەلگەن. مەسىلەن: ﴿وَلَمَّا وَرَدَ مَاءَ مَدْيَنَ وَجَدَ عَلَيْهِ أُمَّةً مِنَ النَّاسِ يَسْقُونَ﴾ ﴿مۇسا مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (ماللىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى﴾. (سۇرە قەسەس 23-ئايەت) ﴿وَمِنْ قَوْمِ مُوسَى أُمَّةٌ﴾ ﴿مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ ئىچىدە ... بىر جامائە بار﴾. (سۇرە ئەئراف 159-ئايەت) قاتارلىقلار. يەنە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن خاس بىر قەۋم ياكى گۇرۇھ دېگەن مەنىدە كەلگەن. ﴿وَلِكُلِّ اُمَّةٍ رَّسُوْلٌ﴾ ﴿(ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ) ھەر بىرىگە رەسۇل (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتىلگەن﴾ .(سۇرە يۇنۇس47-ئايەت) بۇ پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۇممەت، دەۋەت كەلگەن ئۇممەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەنە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتقانلارمۇ ئۇممەت، ئەگەشكۈچى ئۇممەت، دەۋەتكە ئاۋاز قوشقۇچى ئۇممەت دەپ ئاتىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ ئايەتتە ۋە تۆۋەندىكى ئايەتتە ئىنسانلاردا ئومۇمەن تېپىلىدىغان ناچار ئىللەتلەر بايان قىلىندى. ئۈمىدسىزلىك كەلگۈسى زامان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا؛ تۇزكورلۇق ئۆتكەنكى ۋە ھازىرقى زامان بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

③ قىيىنچىلىق دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ماڭا ھېچبىر يامانلىق يەتمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ.

④ يەنى ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەتلەر بىلەن خۇشاللىنىپ ھەم پەخىرلىنىپ باشقىلار ئالدىدا كۆرەڭلەيدۇ. ئەمما ياخشى ئەمەل قىلىدىغان مۇئمىنلەر بولسا مەزكۇر ناچار ئىللەتلەردىن يىراقتۇر. بۇ نۇقتا كېيىنكى ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ.

إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٞ

كبير ﴿١١﴾ فلعلك تارك بعض ما يوحى إليك وضائق به صدرك
أن يقولوا لولا أنزل عليه كنز أو جاء معه ملك إنما أنت
نذير والله على كل شيء وكيل ﴿١٢﴾ أم يقولون افتراه قل فأتوا
بعشر سور مثله مفتريات وادعوا من استطعتم من دون الله
إن كنتم صادقين ﴿١٣﴾

***پەقەت (بالاغا ئۇچرىغاندا) سەۋر قىلغان ۋە (نېمەتكە يولۇققاندا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارغا (ئاخىرەتتە) مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر بار① [11]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) «نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە چۈشمىدى؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە (ئۇنى تەستىقلايدىغان) بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟» دەيدىغانلىقىدىن (ئەنسىرەپ، بەلكىم) ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ ۋە (ئۇنى يەتكۈزۈشتىن) يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ. سەن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن②، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر [12]. ياكى ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرە توقۇپ كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!③» [13].***

① يەنى مۇئمىنلەر راھەت-پاراغەتتە بولسۇن ياكى قىيىنچىلىق-كۈلپەتتە بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالا مۇئمىن ئۈچۈن قانداق بىر ھۆكۈم قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئاسايىشلىق يەتسە، ئاندىن ئۇ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر. (ساۋابقا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدۇ). ئەگەر ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق يەتسە، ئاندىن ئۇ سەۋر قىلسا، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن

ياخشىلىقتۇر (ساۋابقا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدۇ). بۇنىڭغا مۇئمىن ئادەمدىن باشقا كىشى ئېرىشەلمەيدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم 2999-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن ئادەمگە يەتكەن غەم - قايغۇ، جاپا - مۇشەققەت، بىئاراملىق، ھەتتا ئۇنىڭغا سانجىلغان بىر تال تىكەن ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.» (مۇسنەدى ئەھمەد 3-توم، 4-بەت) سۈرە مەئارىجنىڭ 19-، 22-ئايەتلىرىدىمۇ مۇشۇ نۇقتا بايان قىلىنغان.

② مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ھەققىدە مۇنداق دەيتتى: ﴿ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى. يا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە بېرىلمىدى؟﴾. (سۈرە فۇرقان 8-ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز﴾. (سۈرە ھىجر 98-ئايەت) بۇ ئايەتتە مەزكۇر نۇقتىلار نەزەردە تۇتۇلغان ئاساستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېيىلىۋاتىدۇكى، ئى پەيغەمبەر! بەلكىم ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئۈچۈن يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ، مۇشرىكلارغا ئېغىر كېلىدىغان ۋەھيىلەرنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ، يەنى يەتكۈزۈشتىن يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ئاگاھلاندۇرۇش ۋە دەۋەت-تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت، بۇ ۋەزىپىنى ھەر زامان ئورۇنلىشىڭ لازىم.

③ ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق يازىدۇ: ئاللاھ تائالا دەسلەپتە ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىدى، ئەگەر سىلەر قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى يازغان دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ياردەمگە چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر كىتابنى يېزىپ كۆرسىتىڭلار. لېكىن سىلەر ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلالمايسىلەر. ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ، بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.»﴾. (سۈرە ئىسرا 88-ئايەت) ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، پۈتۈن بىر قۇرئان كەلتۈرەلمىسە، ئون سۈرە بولسىمۇ كەلتۈرۈپ بېقىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دېدىكى، ﴿قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرە توقۇپ كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!﴾ يۇقىرىدىكى ئايەتتىكىگە ئوخشاش. ئۈچىنچى قېتىم جەڭ

ئېلان قىلىپ دېدىكى: ﴿قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!﴾. ) سۈرە يۇنۇسنىڭ 38-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە سۈرە بەقەرەنىڭ 23- ئايىتىدىمۇ شۇنداق دېدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

فَإِلَّمْ يَسْتَجِيبُواْ لَكُمْ فَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّمَآ أُنزِلَ بِعِلْمِ ٱللَّهِ وَأَن لَّآ إِلَٰهَ
إِلَّا هُوَۖ فَهَلْ أَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿١٤﴾ مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا
وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَٰلَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ ﴿١٥﴾
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي ٱلْأٓخِرَةِ إِلَّا ٱلنَّارُۖ وَحَبِطَ مَا صَنَعُواْ
فِيهَا وَبَٰطِلٌ مَّا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿١٦﴾

***ئەگەر ئۇلار سىلەرگە جاۋاب بېرەلمىسە، بىلىڭلاركى، (قۇرئان) پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلمى بىلەن نازىل بولغاندۇر ۋە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر ئەمدىغۇ مۇسۇلمان بولارسىلەر؟① [14]. كىمكى دۇنيا ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىنى كۆزلەيدىكەن، مۇنداقلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ (ئەجرىنى) بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا (ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە) كېمەيتىلمەيدۇ. [15]. ئەنە شۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا ياخشىلىق دەپ) قىلغانلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر② [16].***

① يەنى سىلەر ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە قۇرئاننىڭ يالغۇز ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە قايىل بولماسسىلەر؟ يەنە مۇسۇلمان بولماي تۇرامسىلەر؟

② بۇ ئىككى ئايەتتە سۆيەتلەنگەن كىشىلەر ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا بىر نەچچە خىل قاراش بار، بىرىنچىسى: ئۇلاردىن رىياكارلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئىككىنچىسى: ئۇلاردىن يەھۇدىي ۋە ناسارالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۈچىنچىسى: دۇنيالىقنىلا تەلەپ قىلىدىغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

چۈنكى دۇنيالىقنىلا كۆزلەيدىغانلارمۇ بەزى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى دۇنيادىلا بېرىۋېتىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئازابتىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. (بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە ئىسرا 18-، 21-ئايەتلىرىدە ۋە سۈرە شۇرا 20-ئايەتتە بايان قىلىندى).

أَفَمَن كَانَ عَلَىٰ بَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّهِۦ وَيَتْلُوهُ شَاهِدٌ مِّنْهُ وَمِن قَبْلِهِۦ كِتَٰبُ مُوسَىٰٓ إِمَامًا وَرَحْمَةً ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۚ وَمَن يَكْفُرْ بِهِۦ مِنَ ٱلْأَحْزَابِ فَٱلنَّارُ مَوْعِدُهُۥ ۚ فَلَا تَكُ فِى مِرْيَةٍ مِّنْهُ ۚ إِنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٧﴾

***پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىلگە ئاساسلانغان، پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن بىر گۇۋاھچى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يېتەكچى ۋە رەھمەت سۈپىتىدە مۇساغا بېرىلگەن كىتاب (مۇ يولىنىڭ توغرىلىقىغا) گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەم (ھەقىقەتتىن دەلىلى يوق ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟)① ئەنە ئاشۇنداق كىشىلەر قۇرئانغا (ھەقىقىي) ئىشىنىدۇ②، (ھەرقايسى) پىرقىلەردىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر③، قۇرئانغا شەك كەلتۈرمىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن (كەلگەن) ھەقىقەتتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ ھەقىقەتكە) ئىشەنمەيدۇ④ [17].***

① بۇ ئايەتتە كاپىرلار ۋە ئىنكارچىلارنىڭ قارىشىسىدا ساغلام ئەقىلگە ئىگە، توغرا تەبىئەتلىك مۇئمىنلەر تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ، ﴿پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىل﴾ ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان ئىنسانىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ساغلام ئەقىلگە قارىتىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شۇنداق تەبىئەت ۋە دىن ئۈستىدە ياراتقان، شۇنىڭغا ئاساسەن ئىنسانلار ئاللاھنى بىر دەپ تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: «يېڭى تۇغۇلغان ھەر قانداق بوۋاق ئىسلام (فىترىتى) دىنى ئۈستىدە (يەنى ئىسلامنى قوبۇل

قىلىدىغان بىر تەبىئەتتە) تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ياكى ئوتپەرەس قىلىدۇ (قىلىۋېتىدۇ).» (سەھىھۇل بۇخارى 1359 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2658 ـ ھەدىس) ﴿يَتْلُوهُ﴾ نىڭ مەنىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، ئۇنىڭ كەينىدە بولىدۇ، ياندىشىپ كېلىدۇ يەنى ئۇنىڭ كەينىدە ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بىر گۇۋاھچىسى بولغان، بۇ يەردىكى «گۇۋاھچى» توغرا دىنغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان قۇرئان ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان تەۋراتمۇ يېتەكچى ھەم رەھمەتكە بائىس بولغۇچى كىتاب ئىدى، يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابىمۇ قۇرئانغا ئىشىنىشكە تەرغىب قىلغۇچىدۇر. دېمەك ئىككى ئادەم بولۇپ، بىرى كاپىر؛ يەنە بىرى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن دەلىلگە ئاساسلانغۇچى مۇئمىن، ئۇنىڭ (قۇرئان كەرىم ياكى ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دىن ئىبارەت گۇۋاھچىسىمۇ بار، قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل بولغان كىتاب «تەۋرات»مۇ ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇ ئادەم يەنە تەۋراتقىمۇ ئىمان ئېيتىدۇ، بۇ ئىككى ئادەم باراۋەر بولالامدۇ؟ ئەلۋەتتە باراۋەر بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى مۇئمىن يەنە بىرى كاپىردۇر. بىرى مۇكەممەل دەلىلگە ئىگە؛ يەنە بىرىدە ھېچ دەلىل يوقتۇر.

② يەنى مەزكۇر سۈپەتلەر تېپىلغان كىشىلەر قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي ئىمان كەلتۈرىدۇ.

③ «پىرقىلەر» دېگەندىن دۇنيادىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمايدىغان بارلىق گۇرۇھلار، يەھۇدىي، خرىستىئان، زەردۇشت، بۇددىست، ئاتەشپەرەس، مۇشرىك، كاپىر قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە بايان قىلغان مەزمۇننىڭ دەل ئۆزىدۇر: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۈممەتتىن مەيلى يەھۇدىي بولسۇن ياكى خرىستىئان بولسۇن، بىرەر كىشى مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ماڭا ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 153 ـ ھەدىس) بۇ مەزمۇن ئىلگىرى سۈرە بەقەرە 62 ـ ئايەت، سۈرە نىسا 150 ـ، 152 ـ ئايەتلەردە بايان قىلىندى.

④ بۇ قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا بايان قىلىنغان مەزمۇندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىسمەن بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾. (سۈرە يۇسۇف 103-ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبلىس ئۇلارنى (ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت) گۇمانىنى (ئويى ۋە تەخمىنىنى) ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى. چۈنكى بىر تۈركۈم مۇئمىنلەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگىشىپ كەتتى﴾. (سۈرە سەبەئ 20-ئايەت)

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ يُعْرَضُونَ عَلَىٰ
رَبِّهِمْ وَيَقُولُ ٱلْأَشْهَـٰدُ هَـٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ كَذَبُوا۟ عَلَىٰ رَبِّهِمْ ۚ أَلَا لَعْنَةُ
ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٨﴾ ٱلَّذِينَ يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبْغُونَهَا
عِوَجًا وَهُم بِٱلْـَٔاخِرَةِ هُمْ كَـٰفِرُونَ ﴿١٩﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ لَمْ يَكُونُوا۟
مُعْجِزِينَ فِى ٱلْأَرْضِ وَمَا كَانَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِنْ أَوْلِيَآءَ ۘ يُضَـٰعَفُ
لَهُمُ ٱلْعَذَابُ ۚ مَا كَانُوا۟ يَسْتَطِيعُونَ ٱلسَّمْعَ وَمَا كَانُوا۟ يُبْصِرُونَ ﴿٢٠﴾

ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟① ئەنە شۇنداقلار (قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىغا توغرىلىنىدۇ (چاقىرىلىدۇ)، گۇۋاھچىلار: «بۇلار پەرۋەردىگارى نامىدىن يالغاننى توقۇغانلاردۇر» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ (يەنى ئاللاھ زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)② [18]. ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام يولىدىن) توسىدىغان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدىغانلاردۇر③، يەنە ئاشۇلارلا ئاخىرەتنى (قاتتىق) ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر [19]. ئەنە شۇلار زېمىندا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا (ئىگە بولىدىغان ياردەمچى) مەدەتكارلارمۇ بولمايدۇ، ئۇلارغا (جەھەننەمدە) ئازاب قاتمۇقات ئاشۇرۇلىدۇ، چۈنكى ئۇلار (ئاخىرەتنى قاتتىق ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى) ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىغان ۋە (كائىنات دەلىللىرىنى) كۆرەلمىگەن ئىدى④ [20].

① يەنى «ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇش» دېگەن ئاللاھ تائالا كائىناتنى باشقۇرۇشقا ياكى ئاخىرەتتە شاپائەت قىلىشقا سالاھىيەت بەرمىگەن كىشىلەرنى ئۇلۇغلاپ، ئاللاھ تائالا بۇلارغا ئەنە شۇنداق سالاھىيەتلەرنى ئاتا قىلغان دەپ ئېتىقاد قىلىش دېمەكتۇر.

② بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھ مۇئمىنگە گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: پالان گۇناھىڭنى، پالان گۇناھىڭنى، پالان گۇناھىڭنى تونۇمسەن، دەيدۇ. مۇئمىن ئۇ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: مەن ئۇ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادىكى چېغىڭدا يوشۇرغان ئىدىم، بۈگۈنمۇ ئۇ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن ـ دەيدۇ.» ئەمما كاپىرلارغا گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇ گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىق بېرىپ: ﴿بۇلار پەرۋەردىگارى نامىدىن يالغاننى توقۇغانلاردۇر﴾ دەيدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 2441ـ ھەدىس)

③ يەنى ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن، باھانە ئىزدەيدۇ ۋە كىشىلەرنى ھەق يولغا ئەگرى قىلىدۇ.

④ يەنى ئۇلار ھەقتىن يۈز ئۆرۈشتە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدىكى، ھەقنى ئاڭلاش ياكى كۆرۈشكە تاقەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قۇلاق ۋە كۆز بەردى، بىراق ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ھەقنى ئاڭلىمىدى، كۆزلىرى ھەقنى كۆرمىدى. خۇددى ئاللاھ ئېيتقاندەك: ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، دىللىرى ئۇلارغا ھېچنەرسىگە ئەسقاتمىدى﴾ (سۈرە ئەھقاف 26 ـ ئايەت)، چۈنكى ئۇلار ھەقنى ئاڭلاشتىن گاس ۋە ھەقنى كۆرۈشتىن كور بولۇپ ياشىغانىدى. دوزاخقا كىرگەن چاغدا: ﴿ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىگە) قۇلاق سالغان ياكى ئەقلىمىزنى ئىشلەتكەن بولساق، دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدىن بولماس ئىكەنمىز» دەيدۇ﴾.[(سۈرە مۇلك 10 ـ ئايەت)

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمْ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَفْتَرُونَ ٢١
لَا جَرَمَ أَنَّهُمْ فِى ٱلْءَاخِرَةِ هُمُ ٱلْأَخْسَرُونَ ٢٢ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ

وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَخۡبَتُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ
هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢٣ ۞ مَثَلُ ٱلۡفَرِيقَيۡنِ كَٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡأَصَمِّ
وَٱلۡبَصِيرِ وَٱلسَّمِيعِۚ هَلۡ يَسۡتَوِيَانِ مَثَلًاۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ٢٤ وَلَقَدۡ
أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦٓ إِنِّي لَكُمۡ نَذِيرٞ مُّبِينٌ ٢٥ أَن لَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا
ٱللَّهَۖ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ أَلِيمٖ ٢٦

*ئەنە شۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زىيان سالغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان (ساختا مەبۇد) لىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى (غايىب بولدى) [21]. شەك يوقكى، ئۇلارلا ئاخىرەتتە ئەڭ كۆپ زىيان تارتقۇچىلاردۇر [22]. شۇبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە رەببىگە چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [23]. (كاپىرلار ۋە مۇئمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار، (بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، (يەنە بىر پىرقە بولسا) كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ①، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى باراۋەر بولامدۇ؟ (بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ؟) ئىبرەت ئالامسىلەر؟ [24]. شۇبھىسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ: «شەكسىزكى، مەن سىلەرگە ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن [25]. بىر ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار②، مەن راستىنلا سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن③» دېدى [26].*

① ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇئمىنلەر ۋە كاپىرلار، سائادەتمەنلەر ۋە بەختسىزلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان ئىدى، ئەمدى بۇ ئايەتتە مىسال ئارقىلىق بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھەقىقىتى تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلىنىۋاتىدۇ، بىرىنچىسى كاپىر پىرقە بولۇپ، ئۇ كور ۋە گاس ئادەمگە ئوخشايدۇ، يەنە بىرى مۇئمىن پىرقە بولۇپ، كۆرەلەيدىغان ۋە ئاڭلىيالايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. كاپىر دۇنيادا ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم ياشايدۇ، ئاخىرەتتىكى نىجاتلىققا ئېرىشىشتىنمۇ

مەھرۇم قالىدۇ، شۇنىڭدەك ھەقىقەتنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى ئاڭلاشتىنمۇ بەھرىمەن بولالمايدۇ. شۇڭا ئۆزىگە پايدىلىق بولغان سۆزلەردىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە مۆئمىن ھەقنى ئاڭلايدىغان ۋە چۈشىنىدىغان كىلىدۇ، ئۇ ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالايدۇ. شۇڭا ئۇ ھەقىقەتكە ئەگىشىدۇ، دەلىل-پاكىتلارغا قۇلاق سالىدۇ، ئىرىشكەن چۈشەنچىسى ئارقىلىق شۈبھىلەردىن يىراق تۇرىدۇ، باتىلدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇ ئىككىسى يەنى مۆئمىن بىلەن كاپىر باراۋەر بولالامدۇ؟ بۇ سوئال ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى ئۇ ئىككىسى باراۋەر بولالمايدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿دوزاخ ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلى (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، جەننەت ئەھلى بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾. (سۈرە ھەشر 20-ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم ) يەنى كاپىر بىلەن مۆئمىن) باراۋەر بولمايدۇ. زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ﴾. (سۈرە فاتىر 19-، 20-ئايەت)

② مانا بۇ ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد دەۋىتى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك:

﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھىي قىلدۇق﴾. (سۈرە ئەنبىيا 25-ئايەت)

③ يەنى مەن ئەنسىرەيمەنكى، ئەگەر ماڭا ئىمان ئېيتمىساڭلار ۋە تەۋھىد دەۋىتىگە ئاۋاز قوشمىساڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايسىلەر.

فَقَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ مَا نَرَىٰكَ إِلَّا بَشَرٗا مِّثۡلَنَا وَمَا نَرَىٰكَ ٱتَّبَعَكَ إِلَّا ٱلَّذِينَ هُمۡ أَرَاذِلُنَا بَادِيَ ٱلرَّأۡيِ وَمَا نَرَىٰ لَكُمۡ عَلَيۡنَا مِن فَضۡلِۭ بَلۡ نَظُنُّكُمۡ كَٰذِبِينَ ﴿٢٧﴾

***ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىباشلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان①، ھەمدە ساڭا ئارىمىزدىكى (چولتا***

*پىكىرلىك) تۆۋەن تەبىقىنىڭ (يەنى پەس ئادەملەرنىڭ)② ئويلانمايلا (يەڭگىللىك بىلەن)③ ساڭا ئەگەشكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ بىزدىن بىرەر ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق. بەلكى، بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز» دېدى [27].*

① بۇ ئىلگىرى بىر قانچە سۈرىلەردە رەددىيە بېرىلگەن شۈبھىلەردىن بىرىدۇر، كاپىرلارنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىنسانغا بېرىلىشى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى، خۇددى بۇگۈنكى بىدئەتچىلەرگىمۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىنساندىن بولغانلىقى ھەيران قالارلىق ئىش بولغاندەك. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ.

② بۇ ھەق دىنىنىڭ تارىخىدا يۈز بېرىپ تۇرغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر، دەسلەپتە دىنىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشقانلار ئومۇمەن جەمئىيەتتىكى كەمبەغەل ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر بولغان؛ يۈز-ئابرۇيلۇق ۋە باياشات ياشايدىغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان، ھەتتا بۇ ئىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ بىر مىسالى شۇكى، رۇم پادىشاھى ھىرەقلى ئەبۇسۇفياندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا: «ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرمۇ ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرمۇ؟» دەپ سورىغان. ئەبۇسۇفيان: «ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ چاغدا ھىرەقلى: «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەنە شۇنداق كىشىلەر بولىدۇ» دېگەن ئىدى. ) سەھىھۇل بۇخارى 7-ھەدىس) قۇرئان كەرىمدە يۇقىرى تەبىقىدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ﴿شۇنىڭدەك (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى قانداقلا بىر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇ شەھەرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز، شەكسىزكى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى بېسىپ ماڭغۇچىلارمىز» دېيىشەتتى﴾. (سۈرە زۇخرۇف 23-ئايەت) مۇئمىنلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، كاپىرلار ئۇلارنى تۆۋەن كۆرەتتى، ھەقىقەت شۇكى ھەق دىنغا ئەگەشكۈچىلەر ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۆۋەن بولغان تەقدىردىمۇ، ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىكتۇر، ھەق دىنى

ئىنكار قىلغۇچىلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۇقىرى بولسىمۇ خار ۋە ئېتىبارسىزدۇر.

③ مۇئمىنلەر ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتە ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى ۋە رايىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالمايدىغان بولغاچقا، كاپىرلار ئۇلارنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى نېمىگە بۇيرىسا، ئويلانمايلا (يەڭگىللىك بىلەن) شۇنى قىلىدىغان؛ نېمىدىن چەكلىسە، ئويلانمايلا شۇنىڭدىن يانىدىغان ئاڭسىزلار دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇئمىنلەرنىڭ گۈزەل خىسلىتى ھەتتا ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدۇر. لېكىن كاپىرلارنىڭ نەزىرىدە بۇ خىسلەتمۇ «كەمچىلىك» ھېسابلىنىدۇ.

قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَءَاتَىٰنِي رَحۡمَةٗ مِّنۡ عِندِهِۦ فَعُمِّيَتۡ عَلَيۡكُمۡ أَنُلۡزِمُكُمُوهَا وَأَنتُمۡ لَهَا كَٰرِهُونَ ﴿٢٨﴾ وَيَٰقَوۡمِ لَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مَالًاۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۚ وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۚ إِنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَلَٰكِنِّيٓ أَرَىٰكُمۡ قَوۡمٗا تَجۡهَلُونَ ﴿٢٩﴾

*نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن (دەۋىتىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانغان تۇرسام ۋە ئۇ ماڭا ئۆز تەرىپىدىن رەھمەت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ئاتا قىلغان تۇرسا①، بۇ (ھەقىقەت) سىلەرگە كۆرۈنمىگەن بولسا②، سىلەر ئۇنى يامان كۆرسەڭلارمۇ، بىز سىلەرنى ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا) مەجبۇرلامدۇق؟③ [28]. ئى قەۋمىم! ئۇنىڭغا (يەنى سىلەرگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن پۇل ـ مال تەلەپ قىلمايمەن④، مېنىڭ ئەجرىم (نى بېرىش) پەقەت ئاللاھقا ئائىتتۇر، مەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن⑤، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئەمما مەن سىلەرنى نادان بىر قەۋم دەپ قارايمەن⑥ [29].*

① ﴿بَيِّنَةٍ﴾ دېگەن سۆز ئىمان، ئېنىق دەلىل، پاكىت، ھۆججەت، ﴿رَحْمَةً﴾ دېگەن سۆز پەيغەمبەرلىك مەنىسىدە كەلگەن. بۇ ئىككىسى ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھسسالامغا ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ دەلىل-ئىسپاتى ئىدى.

② يەنى سىلەر ئۇنى كۆرۈشتىن ئەما بولساڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلەلمىسەڭلار ياكى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىساڭلار، ھەتتا ئۇنى يالغانغا چىقىرىشقا ۋە رەت قىلىشقا ئالدىرىساڭلار.

③ سىلەرنىڭ پوزىتسىيەڭلار مۇنداق تۇرسا، ھىدايەت ۋە رەھمەت سىلەرگە قانداقمۇ نېسىپ بولسۇن؟

④ سىلەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەمگە قارىتا، بۇنىڭ پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىشتىكى مەقسىتى پۇل-مال توپلاش، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مەن بۇ دەۋەت ۋەزىپىسىنى پەقەت ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋە ئۇنىڭ رىزالىقى ئۈچۈنلا قىلىۋاتىمەن. ماڭا ئاللاھ ئۆزى ئەجىر-ساۋاب بېرىدۇ.

*⑤ بۇ ئايەتتىن نۇھ ئەلەيھسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى مۇئمىنلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇشتىن نومۇس قىلىپ، ئۇنىڭدىن مۇئمىنلەرنى ئۆز مەجلىسىدىن ياكى يېنىدىن قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەككىنىڭ كاتتىلىرىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھسسالامدىن ئۇلارغا ئوخشاش بىر ئىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا قارىتا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ﴿ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى سەن (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن﴾. (سۈرە ئەنئام 52 - ئايەت) ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇزىنىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ شان - شەرىپى، مۇشرىك كاتتىباشلارنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن (كۆزلىرىڭ ئۇلاردىن باشقىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمىسۇن)﴾. [(سۈرە كەھف 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)*

⑥ يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئەگەشكۈچىلەرنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە ئۇلارنى پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزى سىلەردىكى نادانلىقتۇر. بۇلار قوغلىنىشقا ئەمەس بەلكى قەدىرلىنىشكە ۋە ھۆرمەتلىنىشكە لايىق كىشىلەردۇر.

وَيَٰقَوۡمِ مَن يَنصُرُنِي مِنَ ٱللَّهِ إِن طَرَدتُّهُمۡۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣٠﴾ وَلَآ
أَقُولُ لَكُمۡ عِندِي خَزَآئِنُ ٱللَّهِ وَلَآ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ وَلَآ أَقُولُ إِنِّي
مَلَكٞ وَلَآ أَقُولُ لِلَّذِينَ تَزۡدَرِيٓ أَعۡيُنُكُمۡ لَن يُؤۡتِيَهُمُ ٱللَّهُ خَيۡرًاۖ ٱللَّهُ
أَعۡلَمُ بِمَا فِيٓ أَنفُسِهِمۡ إِنِّيٓ إِذٗا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣١﴾ قَالُواْ يَٰنُوحُ قَدۡ
جَٰدَلۡتَنَا فَأَكۡثَرۡتَ جِدَٰلَنَا فَأۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ
ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٣٢﴾ قَالَ إِنَّمَا يَأۡتِيكُم بِهِ ٱللَّهُ إِن شَآءَ وَمَآ أَنتُم
بِمُعۡجِزِينَ ﴿٣٣﴾

***ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟① ئويلاپ باقامسىلەر؟ [30]. مەن سىلەرگە مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار، مەن غەيبنى بىلىمەن دېمەيمەن، مەن ئەلۋەتتە ئۆزۈمنى پەرىشتىمۇ دېمەيمەن، ھەمدە سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەر توغرۇلۇق ئاللاھ ئۇلارغا ھەرگىز ياخشىلىق ئاتا قىلمايدۇ، دېمەيمەن②، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. (ئەگەر مەن شۇنداق دېسەم) ئۇ چاغدا مەن چوقۇم ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن»③ [31]. ئۇلار (يەنى نۇھنىڭ قەۋمى): «ئى نۇھ! سەن بىز بىلەن جېدەللەشتىڭ، جېدەللەشكەندىمۇ كۆپ جېدەللىشىپ كەتتىڭ④. ئەگەر راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقان شۇ ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باققىنە!» دېدى⑤ [32]. نۇھ ئېيتتى: «ئەگەر خالىسا ئۇنى (يەنى ئازابنى) سىلەرگە پەقەت ئاللاھ كەلتۈرەلەيدۇ. (ئۇ چاغدا) سىلەر (ئۇنىڭدىن) قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر⑥ [33].***

① يەنـى مۇنـداق كىشـىلەرنى يېنىمدىـن قوغلىۋېتىـش ئاللاھنىـڭ غەزىپىگە ۋە نارازىلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

② ئالـلاھ تائـالا ئۇلارغـا ئىماندىـن ئىبـارەت كاتتـا ياخشـىلىق ۋە نېمـەت ئاتـا قىلـدى. بۇنىڭغـا ئاساسـەن ئـۇلار ئاخىرەتتـە جەننەتنىـڭ نېمەتلىرىدىـن بەھرىمـەن بولىـدۇ. دۇنيادىمـۇ ئالـلاھ خالىسـا، يۇقىـرى مەرتىۋىگـە ئېرىشـىدۇ. سـىلەرنىڭ ئۇلارنـى كەمسـىتكىنىڭلار ئۇلارنىـڭ دەرىجىسـىنى تۆۋەنلىتەلمەيدۇ. ئەمما سـىلەر ئاللاھنىـڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى يۇقىـرى كىشـىلەرنى كەمسـىتكىنىڭلار ئۈچـۈن، ئاللاھنىـڭ دەرگاھىـدا گۇناھـكار ھېسابلىنىسىلەر.

③ ئەگـەر مـەن ئـۆزۈم بىلمـەي تـۇرۇپ، ئـۇلار ھەققىـدە ھۆكـۈم چىقارسـام، زالىملاردىـن بولـۇپ قالىمـەن. ئۇلارنىـڭ دىلىدىكىنـى ئالـلاھ ئوبـدان بىلگۈچىدۇر.

④ شۇنداقتىمۇ بىز ساڭا ئىمان ئېيتمىدۇق.

⑤ مانـا بـۇ گۇمـراھ قەۋملەردىـن سـادىر بولـۇپ كېلىۋاتقـان ھاماقەتلىـك بولـۇپ، ئـۇلار پەيغەمبەرلىرىگـە: ئەگـەر راسـتچىللاردىن بولسـاڭ، بىزگـە ئازابنـى چۈشـۈرۈپ، ھـالاك قىلغىـن، دەيتتـى. ھالبۇكـى ئـۇلاردا ئەقىـل بولىدىغـان بولسـا، پەيغەمبەرلىرىگـە: ئەگـەر راسـتچىللاردىن بولسـاڭ، راستتىنلا ئاللاھنىـڭ ئەلچىسـى بولسـاڭ، بىـز ئۈچـۈن دۇئـا قىلغىـن، ئالـلاھ قەلبىمىزنـى ئېچىۋەتسـۇن، شـۇنىڭ بىلـەن بىـز دەۋىتىڭنـى قوبـۇل قىلايلى، دېگەن بولاتتى.

⑥ يەنـى ئازابنىـڭ كېلىشـى پەقـەت ئاللاھنىـڭ ئىرادىسـىگە باغلىـق. ئـازاب مېنىـڭ ئىختىيارىـم بويىچـە كەلمەيـدۇ. ئالـلاھ تائـالا ئـازاب ئەۋەتىشـنى قـارار قىلغـان ياكى ئازابنـى ئەۋەتكـەن چاغـدا، ھېچكىـم ئۇنىڭدىـن قېچىـپ قۇتۇلالمايدۇ.

وَلَا يَنفَعُكُمْ نُصْحِيٓ إِنْ أَرَدتُّ أَنْ أَنصَحَ لَكُمْ إِن كَانَ ٱللَّهُ يُرِيدُ
أَن يُغْوِيَكُمْ هُوَ رَبُّكُمْ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٣٤﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ قُلْ
إِنِ ٱفْتَرَيْتُهُۥ فَعَلَيَّ إِجْرَامِي وَأَنَا۠ بَرِيٓءٌ مِّمَّا تُجْرِمُونَ ﴿٣٥﴾ وَأُوحِيَ إِلَىٰ

نُوحٍ أَنَّهُۥ لَن يُؤْمِنَ مِن قَوْمِكَ إِلَّا مَن قَدْ ءَامَنَ فَلَا تَبْتَئِسْ
بِمَا كَانُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾

***مەن سىلەرگە نەسىھەت (خەيرخاھلىق) قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى ئازدۇرماقچى بولسا، (ئۇ چاغدا) مېنىڭ قىلغان نەسىھىتىمنىڭ (يەنى خەيرخاھلىقىمنىڭ) سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ① ، ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر② ، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» [34]. ياكى ئۇلار «بۇ دىنىنى (نۇھ ئاللاھ نامىدىن) توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن ئۇنى توقۇپ چىققان بولسام، گۇناھىم ئۆزۈمگىدۇر. مەن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن ئادا ـ جۇدا مەن (يەنى جاۋابكار ئەمەسمەن)» دېگىن③ [35]. نۇھقا (مۇنداق دەپ) ۋەھيى قىلىندى: «ئېنىقكى، سېنىڭ قەۋمىڭ ئارىسىدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ھېچكىم ئىمان ئېيتمايدۇ، شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قايغۇرمىغىن④ [36].***

① ﴿اَنْ يُّغْوِيَ﴾ گۇمراھ قىلىش دېگەن مەنىدە، يەنى سىلەردىكى كۇفرىلىق ۋە ئىنكار قىلىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇنىڭدىن قايتىپ، ھىدايەت يولىغا كىرىش مۇمكىن ئەمەس بولۇپ قالدى. بۇ خىل كىشىلەر «ئاللاھ تەرەپتىن دىللىرى پېچەتلىۋېتىلگەنلەر» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ دەرىجىگە يەتكەنلەرنىڭ ھىدايەتكە يولىغا مېڭىشىدىن ھېچ ئۈمىد قالمايدۇ. دېمەك، ئەگەر سىلەرمۇ شۇنداق خەتەرلىك بىر باسقۇچقا كېلىپ بولغان بولساڭلار، مەن سىلەرگە خەيرخاھلىق قىلماقچى بولسام، يەنى سىلەرنى ھىدايەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەممۇ، ئۇنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ، چۈنكى سىلەر گۇمراھلىقنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ بولدۇڭلار.

② ھىدايەت قىلىش ۋە گۇمراھ قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. سىلەر چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپات بېرىدۇ. ياخشىلارغا مۇكاپات، يامانلارغا جازا بېرىدۇ.

③ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتتىكى دىئالوگ نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتتىن

ئىبارەت. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ بىر قىستۇرما جۈملە بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككە مۇشرىكلىرى ئارىسىدا بولغان دىئالوگدىن ئىبارەت بولۇپ، مەنىسى، ئەگەر بۇ قۇرئاننى مەن توقۇغان بولسام ۋە ئۇنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىشتا يالغانچى بولسام، بۇ مېنىڭ جىنايىتىم ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ جازاسى ماڭا بولىدۇ. ئەمما سىلەر قىلىۋاتقان ئىشلاردىن مەن ئادا-جۇدا مەن، بۇنىمۇ سىلەر بىلىسىلەر. سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنىڭ ۋابالى ماڭا ئەمەس، ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، بۇنى سىلەر ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟

④ بۇ ۋەھيي نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ قەۋمى ئازاب كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا چۈشۈرۈلگەن. ئۆز ۋاقتىدا نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى 950 يىل توغرا دىنغا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئى پەرۋەردىگارىم! يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن﴾ شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇنداق ۋەھيي قىلدى. يەنى ئەمدى بۇندىن كېيىن ھېچكىم ئىمان ئېيتمايدۇ، شۇڭا ئۇلاردىن قايغۇرمىغىن.

وَٱصۡنَعِ ٱلۡفُلۡكَ بِأَعۡيُنِنَا وَوَحۡيِنَا وَلَا تُخَٰطِبۡنِي فِي ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ
إِنَّهُم مُّغۡرَقُونَ ٣٧ وَيَصۡنَعُ ٱلۡفُلۡكَ وَكُلَّمَا مَرَّ عَلَيۡهِ مَلَأٞ مِّن
قَوۡمِهِۦ سَخِرُواْ مِنۡهُۚ قَالَ إِن تَسۡخَرُواْ مِنَّا فَإِنَّا نَسۡخَرُ مِنكُمۡ
كَمَا تَسۡخَرُونَ ٣٨ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن يَأۡتِيهِ عَذَابٞ يُخۡزِيهِ
وَيَحِلُّ عَلَيۡهِ عَذَابٞ مُّقِيمٌ ٣٩

***سەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن① ۋە (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت تىلىمىگىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ»② [37]. نۇھ كېمە ياساشقا باشلىدى، قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى قاچانلا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى③، نۇھ ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار، شەكسىزكى (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر***

*بىزنى مەسخىرە قىلغانىدەك، بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز [38]. خار قىلغۇچى ئازاب (يەنى توپان بالاسى بىلەن غەرق بولۇش) نىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازابنىڭ④ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر» [39].*

① «بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا» بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالاغا «كۆز» مەنسۇپ قىلىندى. بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈردۇر. «ۋەھيىمىز بويىچە» يەنى كېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىنى بىزنىڭ ئۆگەتكىنىمىز بويىچە ياسىغىن. مۇشۇ ئورۇندا بەزى مۇپەسسىرلەر كېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى، قانچە قەۋەتلىكى، قانداق ياغاچ-ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەنلىكى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى بايان قىلغان بولۇپ، ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئېلىنغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئېنىق تەپسىلاتىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

② بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «(ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلار» دېگەندىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ۋە ئايالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىمان ئېيتمىغانلىقتىن غەرق بولىدىغانلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى، دەپ قارايدۇ. ئەمما بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇلاردىن غەرق بولىدىغان پۈتۈن قەۋم كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قارايدۇ. خۇلاسە شۇكى، ئۇلار ئۈچۈن مۆھلەت تەلەپ قىلمىغىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتى كەلدى ياكى ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەرق بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ ئۇلار: ھەي نۇھ! پەيغەمبەر ئىدىڭ، ئەمدى ياغاچچى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ھەي نۇھ! نېمىشقا كېمە ياسايسەن؟ كېمە قۇرۇقلۇقتا قانداق ماڭىدۇ؟ دېگەندەك سۆزلەرنى دەيتتى.

④ بۇنىڭدىن جەھەننەمدىكى مەڭگۈلۈك ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ دۇنيادىكى ئازابتىن كېيىن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئازابتۇر.

حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَمۡرُنَا وَفَارَ ٱلتَّنُّورُ قُلۡنَا ٱحۡمِلۡ فِيهَا مِن كُلّٖ زَوۡجَيۡنِ ٱثۡنَيۡنِ وَأَهۡلَكَ إِلَّا مَن سَبَقَ عَلَيۡهِ ٱلۡقَوۡلُ وَمَنۡ ءَامَنَۚ وَمَآ ءَامَنَ

مَعَهُۥٓ إِلَّا قَلِيلٌ ﴿٤٠﴾ ۞ وَقَالَ ٱرْكَبُوا۟ فِيهَا بِسْمِ ٱللَّهِ مَجْرٜىٰهَا وَمُرْسَىٰهَآ
إِنَّ رَبِّى لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٤١﴾

***نىھايەت (توپان بالاسى توغرىسىدىكى) بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە تونۇر قايىنىغان (يەنى يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان)① چاغدا، نۇھقا دېدۇقكى: «(جانلىقلارنىڭ) ھەر تۈرىدىن (ئەركەك ـ چىشى بولۇپ) بىر جۈپنى②، ئائىلەڭدىكى (غەرق بولىدىغانلىقى ھەققىدە) ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانلاردىن باشقىلارنى③ ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى كېمىگە ئېلىۋالغىن④» دېدۇق. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنە كىشى ئىمان ئېيتقان ئىدى⑤ [40]. نۇھ (ئىمان ئېيتقان تەۋەلىرىگە) ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، ئۇنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ⑥، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر» [41].***

① بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «تونۇر» نان ياقىدىغان تونۇرنى كۆرسىتىدۇ دېسە، بەزىلەر بۇلاقلارنى، يەنە بەزىلەر زېمىن يۈزىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. ھاپىز ئىبنى كەسىرنىڭ قارىشىچە، يەر يۈزى بۇلاقلارغا ئايلىنىپ، بۇلدۇقلاپ سۇ چىققان، ئاسماندىن يامغۇر قۇيۇلغان، شۇنىڭ بىلەن ھەممە جاي سۇغا تولغان.

② بىر جۈپ دېگەندىن ئەركەك ـ چىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى كېمىگە ھەر بىر جانلىقنىڭ ئەركەك چىشىسىدىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىندى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، كېمىگە ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ ئەركەك ـ چىشىسىدىن بىر جۈپتىن سېلىندى. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

③ بۇنىڭ مەنىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە غەرق بولىدىغانلىقى بەلگىلىنىپ بولغانلار دەپ ئالغاندا، ئومۇمەن كاپىرلارنى كۆرسىتىدۇ ياكى بۇ يەردىكى مۇستەسنا ھالاك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى، كېمىگە ئائىلەڭدىكىلەرنى ۋە قەۋمىڭدىن ئىمان ئېيتقانلارنى سالغىن،

ئائىلەڭدىكىلەردىن ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمىغان ۋە ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنىپ كەتكەنلەرنى كېمىگە سالمىغىن، دېگەن بولىدۇ. يەنى ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى (كەنئان ياكى يام) ۋە ئايالى (ۋائىلە) بولۇپ، ھەر ئىككىسى كاپىر ئىدى. بۇ ئىككەيلەن كېمىگە سېلىنمىدىغانلاردىن ئايرىۋېتىلدى.

④ يەنى بارلىق مۇئمىنلەرنى كېمىگە سالغىن.

⑤ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئىمان ئېيتقانلارنىڭ سانى ئاياللار بىلەن قوشۇلۇپ 80 كىشى ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ئىدى دەيدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىچىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغلى سام، ھام، يافەس ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بار ئىدى. تۆتىنچى ئوغلى يام كاپىر ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئايالى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن كېمىگە چىققانلار جۈملىسىدىن ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑥ يەنى كېمىنىڭ سۇ يۈزىدە مېڭىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا توختىشىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت مۇئمىنلەرگە تەسەللى بېرىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپ، ئۇلار كېمىدە خەۋپسىرىمەستىن خاتىرجەم ئولتۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كېمىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن ماڭىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن توختايدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر بىلەن كېمىگە چىققان چېغىڭدا: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا خاستۇر» دېگىن. ھەمدە: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن دېگىن﴾. (سۈرە مۇئمىنۇن 28-، 29-ئايەتلەر) شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار: كېمىگە چىقىش، ئات - ئۇلاققا مىنىش ۋە باشقا قاتناش قوراللىرىغا چىقىشقا باشلىغاندا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ مَجۡر۪ىٰهَا وَمُرۡسَىٰهَآ﴾نى ئوقۇشنى مۇستەھەپ دەيدۇ. ھەدىستە بۇ ئايەتتىكى دۇئانى ئوقۇش تەۋسىيە قىلىنغان: ﴿بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز﴾. (سۈرە زۇخرۇف 14-ئايەت)

وَهِىَ تَجۡرِى بِهِمۡ فِى مَوۡجٍ كَٱلۡجِبَالِ وَنَادَىٰ نُوحٌ ٱبۡنَهُۥ وَكَانَ فِى
مَعۡزِلٍ يَٰبُنَىَّ ٱرۡكَب مَّعَنَا وَلَا تَكُن مَّعَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٤٢﴾ قَالَ سَـَٔاوِىٓ
إِلَىٰ جَبَلٍ يَعۡصِمُنِى مِنَ ٱلۡمَآءِۚ قَالَ لَا عَاصِمَ ٱلۡيَوۡمَ مِنۡ أَمۡرِ ٱللَّهِ
إِلَّا مَن رَّحِمَۚ وَحَالَ بَيۡنَهُمَا ٱلۡمَوۡجُ فَكَانَ مِنَ ٱلۡمُغۡرَقِينَ ﴿٤٣﴾

***كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى①، نۇھ ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم!② بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىقىۋالغىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن!» دەپ توۋلىدى [42]. ئۇ: «مېنى سۇدىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن»③ دېدى. نۇھ: «بۈگۈن ئاللاھ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى ـ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتكەنلەردىن بولدى④ [43].***

① يەنى بۇ كېمە نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئېلىپ پۈتۈن يەر يۈزىنى ھەتتا ئېگىز تاغلارنىمۇ قاپلىۋالغان سۇ يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ ھىمايىسى، كۆزىتىشى ۋە قوغدىشى ئاستىدا ئۈزۈپ باراتتى. ئاللاھنىڭ ھىمايىسى بولمىغان بولسا، بۇ بىر كېمە بۈيۈك توپاننىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. شۇڭا يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۇنى بىر نېمەت سۈپىتىدە بايان قىلدى: ﴿شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق، سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇتتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى ئۇتتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق)﴾. (سۈرە ھاققە 11 ـ، 12 ـ ئايەتلەر) ﴿نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق. كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى، ئىنكار قىلىنغاننى (يەنى نۇھنى) مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (نۇھنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلدۇق)﴾. (سۈرە قەمەر 13 ـ، 14 ـ ئايەتلەر)

② بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئىدى، ئۇنىڭ تەخەللۇسى كەنئان، ئىسمى يام ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئۆزى بىلەن بىللە كېمىگە چىقىشقا، كاپىرلارغا ئوخشاش سۇغا غەرق

بولۇپ كەتمەسلىككە چاقىردى.

③ ئۇ نادانلىقىدىن، توپان بالاسىنىڭ سۈيى تاغلارنىڭ چوققىسىغا چىقالمايدۇ، ئەگەر مەن بىرەر تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىۋالسام، ئۇ جاي مېنى سۇغا غەرق بولۇشتىن ئەلۋەتتە ساقلاپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدى.

④ ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ گەپ بولۇۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى - دە، ئۇنى سۇغا غەرق قىلىۋەتتى.

وَقِيلَ يَٰٓأَرۡضُ ٱبۡلَعِي مَآءَكِ وَيَٰسَمَآءُ أَقۡلِعِي وَغِيضَ ٱلۡمَآءُ وَقُضِيَ
ٱلۡأَمۡرُ وَٱسۡتَوَتۡ عَلَى ٱلۡجُودِيِّۖ وَقِيلَ بُعۡدٗا لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾
وَنَادَىٰ نُوحٞ رَّبَّهُۥ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ٱبۡنِي مِنۡ أَهۡلِي وَإِنَّ وَعۡدَكَ ٱلۡحَقُّ
وَأَنتَ أَحۡكَمُ ٱلۡحَٰكِمِينَ ﴿٤٥﴾ قَالَ يَٰنُوحُ إِنَّهُۥ لَيۡسَ مِنۡ أَهۡلِكَۖ
إِنَّهُۥ عَمَلٌ غَيۡرُ صَٰلِحٖۖ فَلَا تَسۡـَٔلۡنِ مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٌۖ إِنِّيٓ
أَعِظُكَ أَن تَكُونَ مِنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٤٦﴾

***«ئى زېمىن! سۈيۈڭنى يۇتقىن① ، ئى ئاسمان! سۈيىڭنى تۇتقىن» دېيىلدى، (توپاندىن ھاسىل بولغان) سۇ سىڭدۈرۈلدى، (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن) ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى② ، كېمە «جۇدى» تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى③ ، «زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن» دېيىلدى④[44]. نۇھ پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! شەكسىزكى، ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىندۇر (سەن ماڭا ئائىلەمدىكىلەرنى قۇتقۇزۇش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەققەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن»⑤ دېدى [45]. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ ھەرگىز سېنىڭ ئائىلەڭدىن ئەمەس⑥ ، ئۇنىڭ قىلمىشى ھەققەتەن ياماندۇر⑦ ، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسىنى مەندىن سورىمىغىن⑧ ، مەن ساڭا جاھىللار قاتارىدىن بولماسلىقىڭ ئۈچۈن نەسىھەت قىلىۋاتىمەن»⑨ [46].***

① يۇتماق دېگەن بۇ سۆز ئەرەب تىلىدا قۇشنىڭ ئاغزىدىكى دانىنى يۇتقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەتتە سۇنىڭ قۇرۇپ كېتىشى يۇتۇش دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەندى، بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، ئەسلىدە سۇ تەدرىجىي قۇرۇپ كەتمىگەن بەلكى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن زېمىن بارلىق سۇنى بىر دەم تارتىپلا، خۇددى قۇش دانىنى يۇتقاندەكلا، يۇتۇۋەتكەن ئىدى.

② يەنى يەر يۈزىدىكى بارلىق كاپىرلاردىن بىرىنمۇ قالدۇرماي ھالاك قىلىش ھۆكمى ئىجرا قىلىندى.

③ جۇدى تېغىنى بەزى مۇپەسسىرلەر ئىراقتىكى مۇسۇل شەھىرىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى دېگەن. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ مۇشۇ جايغا يېقىن بىر رايوندا ياشىغان ئىدى.

④ ﴿بُعْدًا﴾ يەنى ھالاك بولسۇن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن، دېگەن مەنىدە. بۇ ئىبارە قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە لايىق بولغان قەۋملەر ئۈچۈن بىر نەچچە جايدا ئىشلىتىلگەن.

⑤ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا بولغان ئاتىلىق مېھىر-شەپقىتى غالىپ كېلىپ، ئاللاھ تائالاغا مۇشۇنداق ئىلتىجا قىلغان. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئوغلىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، مۇشۇنداق دۇئا قىلغان.

⑥ نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت ۋە تۇغقانچىلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئوغلۇم دەپ ئاتىدى، لېكىن ئاللاھ تائالا ئىمان ئاساسىغا قۇرۇلغان دىن جەھەتتىكى تۇغقانچىلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ قارىشىنى تۈزىتىپ: ﴿ئۇ ھەرگىز سېنىڭ ئائىلەڭدىن ئەمەس﴾ دېدى. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ ئەسلىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلاردۇر. كىمكى ئىمان ئېيتمىسا، پەيغەمبەرنىڭ دادىسى بولسۇن ياكى ئوغلى ياكى ئايالى بولسۇن، پەيغەمبەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرىدىن ئەمەس.

⑦ بۇ ئىبارىدە ئاللاھ تائالا ﴿ئۇ ھەرگىز سېنىڭ ئائىلەڭدىن ئەمەس﴾ دېگەنىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، كىمدە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل بولمايدىكەن، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن پەيغەمبەرمۇ قۇتقۇزالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بەزى كىشىلەر پىر-ئىشانلار،

قەلەندەرلەر ۋە تەركى دۇنيا دەرۋىشلەرگە مۇرىت بولۇشنى نجات تېپىش ئۇچۇن كۇپايە قىلىدۇ دەپ قاراپ، ياخشى ئەمەلنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، ياخشى ئەمەل بولمىسا، پەيغەمبەرنىڭ نەسەب جەھەتتىكى تۇغقانلىقىمۇ پايدا بەرمەيدىغان تۇرسا، پىر-مۇرىت مۇناسىۋىتى قانداقمۇ پايدا بەرسۇن؟

⑧ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەر غەيبىنى بىلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز تىلىكىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن بولسا ئىدى، ئېنىقكى، ئۇنداق تىلەكنى تىلىمىگەن بولاتتى.

⑨ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قىلغان نەسىھىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت نۇھنى ئىلمىگە ئەمەل قىلغان ئۆلىمالار ئۇچۇن تەييارلانغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكۈزۈش ئىدى.

قَالَ رَبِّ إِنِّيٓ أَعُوذُ بِكَ أَنۡ أَسۡـَٔلَكَ مَا لَيۡسَ لِي بِهِۦ عِلۡمٞۖ وَإِلَّا تَغۡفِرۡ لِي وَتَرۡحَمۡنِيٓ أَكُن مِّنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٤٧ قِيلَ يَٰنُوحُ ٱهۡبِطۡ بِسَلَٰمٖ مِّنَّا وَبَرَكَٰتٍ عَلَيۡكَ وَعَلَىٰٓ أُمَمٖ مِّمَّن مَّعَكَۚ وَأُمَمٞ سَنُمَتِّعُهُمۡ ثُمَّ يَمَسُّهُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٞ ٤٨ تِلۡكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلۡغَيۡبِ نُوحِيهَآ إِلَيۡكَۖ مَا كُنتَ تَعۡلَمُهَآ أَنتَ وَلَا قَوۡمُكَ مِن قَبۡلِ هَٰذَاۖ فَٱصۡبِرۡۖ إِنَّ ٱلۡعَٰقِبَةَ لِلۡمُتَّقِينَ ٤٩

***نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! شۈبھىسىزكى، مەن ساڭا سېغىنىپ، (ھەقىقىتىنى) بىلمىگەن نەرسىنى سەندىن تىلەشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئەگەر مېنى كەچۈرمىسەڭ ۋە ماڭا رەھىم قىلمىساڭ، مەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن»① [47]. دېيىلدىكى (يەنى ئاللاھ دېدى): «ئى نۇھ! ساڭا ۋە سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغان ئۈممەتلەرگە (ئەۋلادلىرىڭغا)② بىز تەرەپتىن كەلگەن ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن③، (ئەۋلادلىرىڭ نەسلىدىن) يەنە بىر قىسىم ئۈممەتلەر (ئەۋلادلار)***

*بولىدۇكى، ئۇلارنى (دۇنيا ھاياتىدىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار (كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن) بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا ئۇچرايدۇ»④ [48]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەنە شۇ (قىسسە) بىز ساڭا ۋەھيي قىلىپ بىرىۋاتقان غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر. سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار⑤. شۇڭا سەن (قەۋمىڭنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر⑥ [49].*

① نۇھ ئەلەيھىسسالام سورىغان سوئالنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى سەزگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭدىن ياندى ۋە ئاللاھ تائالادىن رەھىم-شەپقەت ۋە مەغپىرەت تىلىدى.

② بۇنىڭدىن نۇھ ئەلەيھىسسالام بىللە كېمىگە چىققان ئۇممەتلەر ياكى ئۇلارنىڭ نەسلىدىن كەلگۈسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئەۋلادلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، كېيىنكى جۈملىگە قارىغاندا ئىككىنچى ئۇقۇم توغرىدۇر.

③ بۇ يەردىكى چۈشۈش كېمىدىن ياكى كېمە ئۈستىدە توختىغان تاغدىن چۈشۈشنى كۆرسىتىدۇ.

④ بۇلار كېمىدە ئامان قالغانلارنىڭ نەسلىدىن قىيامەتكىچە دۇنياغا كېلىدىغان ئەۋلادلاردۇر. دېمەك بۇ ئەۋلادلاردىن كاپىر بولغانلارغا تۆت كۈنلۈك ھاياتى دۇنيادا ياشىشى ئۈچۈن مال-مۈلۈك ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى چوقۇم بېرىمىز. لېكىن ئۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

⑤ بۇ يەردە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىۋاتىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىۋاتىدۇ، بۇ غەيبكە ئائىت خەۋەرلەرنى ساڭا بىز ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرىۋاتىمىز، بولمىسا سەنمۇ ۋە سېنىڭ قەۋمىڭمۇ ئىلگىرى ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدىڭلار.

⑥ يەنى قەۋمىڭ سېنى يالغانچىغا چىقىرىۋاتىدۇ ۋە ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىۋاتىدۇ، سەن بۇنىڭغا سەۋر قىلغىن. بىز ئۆز ھىمايىمىز بىلەن ساڭا ياردەم بېرىمىز ۋە سېنى قوغدايمىز. بىز ياخشى ئاقىۋەتنى ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرگە ۋە تەقۋادارلىق سۈپىتىنى ئۆزلەشتۈرگەنلەرگە نېسىپ

قىلمىز. ﴿الْعَاقِبَةَ﴾ ئاقىۋەت دېگەن سۆز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ياخشى نەتىجىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتتە تەقۋادارلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خۇش خەۋەر بار. پەقەت شۇلارلا دەسلەپتە ھەرقانچە قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە لايىق بولغۇچى ۋە غەلىبىگە ئېرىشكۈچىلەردىن بولىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە ۋە مۆئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا ھەم (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾. (سۈرە مۆئمىن 51-ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبەر بەندىلىرىمىزگە قىلغان سۆزىمىز (يەنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىمىز) ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم ياردەمگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر﴾. (سۈر سافات 171-ئايەتتىن 173-ئايەتكىچە)

وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًا ۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥٓ ۖ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا مُفْتَرُونَ ﴿٥٠﴾ يَٰقَوْمِ لَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا ۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَى ٱلَّذِى فَطَرَنِىٓ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٥١﴾

***ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى① ھۇدنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر (ئاللاھتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن) پەقەت (ئاللاھقا) يالغاننى توقۇغۇچىلارسىلەر»② [50]. «ئى قەۋمىم! مەن ئۇنىڭغا (يەنى دىنني يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى مېنى ياراتقان ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟»③ [51].***

① بۇ يەردە «ئۇلارنىڭ قېرىندىشى» دەپ كەلگەنلىكى ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ بىر ئادىمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

② يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يالغاننى چاپلاۋاتىسىلەر.

③ يەنى مەن سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلماستىن سىلەرنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىۋاتىمەن، مەن سىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىشنى خالايمەن، سىلەر بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟ بۇ ئايەتتىكى «ئى قەۋمىم!» دېگەن چاقىرىقتىن دەۋەت قىلىشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئايان بولىدۇ. ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە «ھەي كاپىرلار!»، «ھەي مۇشرىكلار!» دېمەستىن «ئى قەۋمىم!» دەپ خىتاب قىلدى.

وَيَٰقَوۡمِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُرۡسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡكُم
مِّدۡرَارٗا وَيَزِدۡكُمۡ قُوَّةً إِلَىٰ قُوَّتِكُمۡ وَلَا تَتَوَلَّوۡاْ مُجۡرِمِينَ ﴿٥٢﴾ قَالُواْ
يَٰهُودُ مَا جِئۡتَنَا بِبَيِّنَةٖ وَمَا نَحۡنُ بِتَارِكِيٓ ءَالِهَتِنَا عَن قَوۡلِكَ وَمَا
نَحۡنُ لَكَ بِمُؤۡمِنِينَ ﴿٥٣﴾ إِن نَّقُولُ إِلَّا ٱعۡتَرَىٰكَ بَعۡضُ ءَالِهَتِنَا بِسُوٓءٖۗ
قَالَ إِنِّيٓ أُشۡهِدُ ٱللَّهَ وَٱشۡهَدُوٓاْ أَنِّي بَرِيٓءٞ مِّمَّا تُشۡرِكُونَ ﴿٥٤﴾ مِن
دُونِهِۦۖ فَكِيدُونِي جَمِيعٗا ثُمَّ لَا تُنظِرُونِ ﴿٥٥﴾

*«ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار (شۇنداق قىلساڭلار)، ئۇ سىلەرگە كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ① . سىلەر گۇناھقا پاتقان ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار»② [52]. ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە (ئۆزۈڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان) ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، بىز سېنىڭ سۆزۈڭگە كىرىپ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىغۇچى ئەمەسمىز، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگىمۇ ئىشەنمەيمىز③ [53]. بىز (سەن توغرۇلۇق) پەقەت ‹بەزى ئىلاھلىرىمىز سېنى ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ›④ دەپلا ئېيتىمىز». ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامەن⑤ ، قېنى ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلساڭلار*

*قىلغۇچىلار، ماڭا مۆھلەتمۇ (ئاراممۇ) بەرمەڭلار⑥* [54 ـ 55].

① ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇدى، ھەمدە تەۋبە قىلغان قەۋم ئېرىشىدىغان پايدا ۋە مەنپەئەتلەرنى بايان قىلدى. قۇرئان كەرىمدە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنىڭ پايدىسى بىر نەچچە جايدا بايان قىلىندى. (سۈرە نۇھ 11-ئايەتكە قارالسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرسە، ئاللاھ ئۇنى بارلىق غەمدىن خالاس قىلىدۇ، ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى كۆرسىتىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ.» (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 1518-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 3819-ھەدىس)

② يەنى مەن سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان ھەقتىن يۈز ئۆرۈمەڭلار ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالماڭلار، ئەگەر كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا جىنايەتچى ۋە گۇناھكار بولۇپ قالىسىلەر.

③ ھەر بىر پەيغەمبەردە يېتەرلىك دەلىل-ئىسپات بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئەقلى كەمتۈك كىشىلەرگە كۆرۈنمەيدۇ. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئەنە شۇنداق كالتە پەملىك بىلەن: سېنىڭ دەلىل-ئىسپاتسىز سۆزۈڭگە بويسۇنۇپ، مەبۇدلىرىمىزنى تاشلىۋېتەمدۇق؟ دېدى

④ يەنى سەن ئىلاھلىرىمىزنى، ھۆرمەتسىزلىك قىلىنسىمۇ، ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەپ ئەيىبلىگەن ئىدىڭ، ئەمدى مەلۇم بولدىكى، ئەيىبلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئىلاھلىرىمىز سېنى ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ ۋە ئەقلىڭدىن ئاداشتۇرۇپتۇ، دېدى. بۇ خۇددى بۈگۈنكى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ سادىر قىلىۋاتقان ئېتىقاد خاتالىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارغا: ئۆلگەنلەرنىڭ قولىدىن ھېچنەرسە كەلمەيدۇ، دېيىلسە، ئۇلار: بۇنداق دېسەڭلار، بۈزرۈكلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان ۋە ئۇلارنى ئەيىبلىگەن بولىسىلەر، ئۇلار ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلارنى راۋاج تاپتۇرمايدۇ، دەيدۇ. ئاللاھقا سېغىنىپ، بۇ خىلدىكى خۇراپاتلاردىن پاناھ تىلەيمىز.

⑤ يەنى مەن پۈتۈن بۇتلاردىن ۋە مەبۇدلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدا مەن. سىلەرنىڭ: «بەزى ئىلاھلىرىمىز سېنى ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ» دېگەن قارىشىڭلار، پۈتۈنلەي خاتادۇر. ئۇلاردا سەۋەبتىن تاشقىرى بىركىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلەيدىغان قۇدرەت يوق.

⑥ ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار، ھەممىدە مۇشۇ بۇتلارنىڭ قولىدىن بىر ئىش كېلىدۇ دەپ قارىساڭلار، مانا مەن تەييار، سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىشىپ ماڭا قارشى بىر ئىش قىلىپ بېقىڭلار. پەيغەمبەرنىڭ بۇ ئۇسلۇبىدىن ئۇنىڭ نەقەدەر ئىلىمدە يېتۈك ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىسى كامىل ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

إِنِّي تَوَكَّلْتُ عَلَى ٱللَّهِ رَبِّي وَرَبِّكُمْۚ مَّا مِن دَآبَّةٍ إِلَّا هُوَ ءَاخِذُۢ بِنَاصِيَتِهَآۚ إِنَّ رَبِّي عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسْتَقِيمٖ ﴿٥٦﴾ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَقَدْ أَبْلَغْتُكُم مَّآ أُرْسِلْتُ بِهِۦٓ إِلَيْكُمْۚ وَيَسْتَخْلِفُ رَبِّي قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّونَهُۥ شَيْـًٔاۚ إِنَّ رَبِّي عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ حَفِيظٞ ﴿٥٧﴾

*شەكسىزكى، مەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر① ؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىلدۇر، ھېچكىمگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر)② [56]. ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار (يۈز ئۆرۈگىنىڭلارنىڭ ماڭا زىيىنى يوق)، مەن سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈپ قويدۇم③ (پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر)، پەرۋەردىگارىم (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر④، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»⑤ [57].*

① يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنى باشقۇرۇش ئىلكىدە بولغان زاتلا مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر. مەن ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىمەن. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزنى دېيىشتىكى مەقسىتى شۇكى، سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكى دەۋالغان نەرسىلەرمۇ ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىدۇر، ئاللاھ ئۇلارنى نېمە قىلىمەن دېسە، قىلالايدۇ. ئەمما ئۇلار ھېچكىمگە ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

② يەنى ئۇ چاقىرىۋاتقان تەۋھىد يولى شەكسىز توغرا يولدۇر. بۇ يولدا ماڭغانلار نىجاتلىققا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. ئەمما توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ.

③ يەنى ئەمدى مېنىڭ يەتكۈزۈش ۋەزىپەم ئاياغلاشتى، سىلەرگە قارشى دەلىل-ئىسپات تۇرغۇزۇلۇپ بولدى.

④ يەنى پەرۋەردىگارىم سىلەرنى ھالاك قىلىپ، زېمىنىڭلارنى باشقىلارغا بېرىدۇ، ماللىرىڭلارغا باشقىلارنى ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇنداق قىلىشقا قادىردۇر. سىلەر ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق زىيان كەلتۈرەلمەيسىلەر. بەلكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بويىچە، مۇشۇنداق قىلىپ تۇرىدۇ.

⑤ شەكسىز ئۇ مېنى سىلەرنىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستىڭلاردىن قوغدايدۇ، شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ساقلايدۇ. يەنە ئۇ ھەر ياخشىلىققا مۇكاپات؛ ھەر يامانلىققا جازا بېرىدۇ.

وَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا هُودٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا
وَنَجَّيۡنَٰهُم مِّنۡ عَذَابٍ غَلِيظٖ ﴿٥٨﴾ وَتِلۡكَ عَادٞۖ جَحَدُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ
وَعَصَوۡاْ رُسُلَهُۥ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَمۡرَ كُلِّ جَبَّارٍ عَنِيدٖ ﴿٥٩﴾ وَأُتۡبِعُواْ فِي هَٰذِهِ
ٱلدُّنۡيَا لَعۡنَةٗ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ أَلَآ إِنَّ عَادٗا كَفَرُواْ رَبَّهُمۡۗ أَلَا بُعۡدٗا
لِّعَادٖ قَوۡمِ هُودٖ ﴿٦٠﴾

***بىزنىڭ (ئازابلاش) بۇيرۇقىمىز كەلگەندە، ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى دەرگاھىمىزدىن (خاس) بىر مەرھەمەت بىلەن قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى قاتتىق ئازابتىن خالاس قىلدۇق① [58]. ئەنە شۇ ئاد قەۋمى پەرۋەردىگارىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى، پەيغەمبەرلىرىگە② ئاسىيلىق قىلدى ۋە ئۇچىغا چىققان تەرسا، زوراۋان (يەنى ھەققە قارشىلىق قىلىپ جېدەللەشكۈچى) لارنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى③ [59]. ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەت قىلىندى، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىنىدۇ④، بىلىڭلاركى،***

***ئـاد قەۋمــى راســتىنلا پەرۋەردىگارىنــى ئىنــكار قىلــدى. بىلىڭلاركــى، ھۇدنىڭ قەۋمى بولغان ئاد ھالاك بولسۇن!⑤ [60].***

① بـۇ يـەردىكـى «قاتتـىق ئـازاب» يۇقـىرى سـۈرئەتلىك «يامـان بـوران» نـى كۆرسـىتىدۇ، ھـۇد ئەلەيھىسسـالامنىڭ قەۋمـى ئەنـە شـۇ «يامـان بـوران» بىلـەن ھـالاك قىلىنـدى. ھـۇد ئەلەيھىسسـالام ۋە ئۇنـىڭ ئەگەشـكۈچىلىرى قاتتىـق ئازابتىن ساقلاپ قىلىندى.

② ئـاد قەۋمىغـا پەقـەت بىـر پەيغەمبـەر يەنـى ھـۇد ئەلەيھىسسـالاملا ئەۋەتىلگـەن ئىـدى، ئاللاھ تائـالا بـۇ يـەردە ﴿پەيغەمبەرلىرىگـە ئاسـىيلىق قىلـدى﴾ دەپ پەيغەمبەرلەرنـى كۆپلـۈك شـەكلىدە كەلتـۈردى. بۇنىڭدىـن بىـر قانچـە نۇقتىنـى ئىزاھـلاش مەقسـەت قىلىنغـان بولۇشـى مۇمكىـن: بىرىنچـى، بىـر پەيغەمبەرنـى ئىنـكار قىلغانلىـق ھەممـە پەيغەمبەرلەرنـى ئىنـكار قىلغـان بىلـەن ئوخشـاش ئىكەنلىكىنـى بايـان قىلىـش ئۈچـۈن، چۈنكـى ھەممـە پەيغەمبەرلەرگـە ئىمـان كەلتـۈرۈش ۋاجىبتـۇر. ئىككىنچى، ئـاد قەۋمى پەيغەمبەرنـى ئىنـكار قىلىشـتا شـۇ قـەدەر ھەددىدىـن ئاشـقان ئىدىكـى، ئەگـەر ئۇلارغـا ھـۇد ئەلەيھىسسـالامدىن كېيىـن كـۆپ پەيغەمبەرلـەر ئەۋەتىلگـەن تەقدىردىمـۇ، ھەممىنـى ئىنـكار قىلغـان بولاتتـى، ئۇلارنىـڭ ھېچبىـر پەيغەمبەرگـە ئىمـان كەلتۈرۈشـىدىن ئۈمـىد قالمىغـان ئىـدى. ئۈچىنچـى، ئېھتىمـال ئىلگىـرى ئۇلارغا كـۆپ پەيغەمبەرلـەر ئەۋەتىلگـەن، ئـۇلار ھەممىنـى ئىنكار قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

③ يەنـى ئـاد قەۋمـى ئاللاھنىـڭ پەيغەمبەرلىرىنىمـۇ ئىنـكار قىلـدى، ئاللاھنىـڭ ئەمرىگـە قارشـى چىققـان سـەركەش ۋە زوراۋان كىشـىلەرگىمۇ ئەگەشتى.

④ ﴿لَعْنَـةً﴾ لەنـەت قىلىنىش-ئاللاھنىـڭ رەھمىتىدىـن يىـراق ۋە ياخشـىلىقتىن مەھـرۇم قىلىنىـش، ئىنسـانلارنىڭ نەپرىتىگـە قېلىـش دېمەكتـۇر. بـۇ لەنەتكـە دۇچـار بولغۇچـى دۇنيـادا مۆئمىنلەرنىـڭ ئارىسـدا ياخشـى نـام بىلـەن ئاتالمايـدۇ، داۋاملىـق ئەيىبلىنىشـكە دۇچـار بولـدۇ. قىيامـەت كۈنـى بارلىـق خالايىقنىـڭ ئالدىـدا خـار ۋە رەسـۋا بولـۇش بىلـەن بىرگە ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

⑤ ﴿بُعْدًا﴾ دېگـەن سـۆزمۇ يۇقىرىـدا بايـان قىلىنغانـدەك لەنـەت ۋە ھـالاك بولسۇن دېگەن مەنىدە.

۞ وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمۡ صَٰلِحٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم
مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ وَٱسۡتَعۡمَرَكُمۡ فِيهَا
فَٱسۡتَغۡفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِۚ إِنَّ رَبِّي قَرِيبٞ مُّجِيبٞ ﴿٦١﴾ قَالُواْ يَٰصَٰلِحُ
قَدۡ كُنتَ فِينَا مَرۡجُوّٗا قَبۡلَ هَٰذَآۖ أَتَنۡهَىٰنَآ أَن نَّعۡبُدَ مَا يَعۡبُدُ
ءَابَآؤُنَا وَإِنَّنَا لَفِي شَكّٖ مِّمَّا تَدۡعُونَآ إِلَيۡهِ مُرِيبٖ ﴿٦٢﴾

**سەمۇد قەۋمگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق①، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر②، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى③، سىلەرنى زېمىندا ئاۋاتلاشتۇرغۇچى قىلدى④، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگارىم (ئۆزىگە يۈزلەنگەن كىشىگە) يېقىندۇر، (دۇئالارنى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر» [61]. ئۇلار: «ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد كۈتۈلگەن كىشى ئىدىڭ (يەنى بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، (ئەمدى) بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسامسەن؟ شەك شۈبھىسىزكى، بىز سەن دەۋەت قىلىۋاتقان ئىش (تەۋھىد دىنى) توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ئىچىدىمىز» دېيىشتى⑤ [62].**

① ﴿وَإِلَىٰ ثَمُودَ﴾ سەمۇدقا دېگەن ئىبارە ئىلگىرىكى ئايەتكە باغلىنىدۇ يەنى " وَأَرْسَلْنَا إِلَى ثَمُودَ " «سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق» دېگەن بولىدۇ. سەمۇد قەۋمى تەبۇك بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەر ئارىسىدىكى مەدائىن سالىھ (ھىجىر) شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئاد قەۋمىدىن كېيىن ياشىغان ئىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتتىمۇ سەمۇدنىڭ قېرىندىشى دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇ سەمۇد قەۋمى ۋە قەبىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى يەنى ئادىمى ئىدى.

② سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەۋھىدكە يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. بۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنىڭ

ئاساسى ئىدى.

③ يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنى دەسلەپتە تۇپراقتىن ياراتتى، شۇنىڭدەك ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىمۇ تۇپراقتىن ئىدى. بارلىق ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن يارىتىلدى، دېمەك بارلىق ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى ئەسلىدە تۇپراقتىن بولدى. يەنە بىر مەنىسى: سىلەر يەۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى زېمىندىن چىقىدۇ، يېگەن ئوزۇقتىن ئىسپېرما پەيدا بولىدۇ، ئىسپېرما ئايالنىڭ رەھمىگە كىرىپ، ئىنساننىڭ يارىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

④ يەنى سىلەردە زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان ئىقتىدار ۋە سالاھىيەت ئاتا قىلدى. سىلەر زېمىندا تۇرىدىغان ئۆيلەرنى ياسايسىلەر، ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىيسىلەر، يەنە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ھازىرلاش ئۈچۈن، ھۈنەر-كەسپ قىلىسىلەر.

⑤ يەنى پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئەخلاق-پەزىلەتلىك، ئامانەتدار، پاك-ديانەتلىك كېلىدۇ، شۇڭا قەۋمى ئۇنىڭدىن چوڭ ياخشىلىقلارنى كۈتىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى مەزكۇر سۆزنى قىلدى. ئەمما تەۋھىدكە دەۋەت قىلغان ھامان، ئۆز ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنىڭ نىشانى بولغان كىشى كۆزلىرىگە قادالغان تىكەندەك بولۇپ قالدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋھىد دەۋىتىگە قارىتا گۇماندا ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى.

قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَءَاتَىٰنِي مِنۡهُ رَحۡمَةٗ
فَمَن يَنصُرُنِي مِنَ ٱللَّهِ إِنۡ عَصَيۡتُهُۥۖ فَمَا تَزِيدُونَنِي غَيۡرَ تَخۡسِيرٖ ٦٣
وَيَٰقَوۡمِ هَٰذِهِۦ نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمۡ ءَايَةٗۖ فَذَرُوهَا تَأۡكُلۡ فِيٓ أَرۡضِ ٱللَّهِۖ
وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٖ فَيَأۡخُذَكُمۡ عَذَابٞ قَرِيبٞ ٦٤ فَعَقَرُوهَا فَقَالَ
تَمَتَّعُواْ فِي دَارِكُمۡ ثَلَٰثَةَ أَيَّامٖۖ ذَٰلِكَ وَعۡدٌ غَيۡرُ مَكۡذُوبٖ ٦٥ فَلَمَّا
جَآءَ أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا صَٰلِحٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَمِنۡ
خِزۡيِ يَوۡمِئِذٍۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡعَزِيزُ ٦٦

***سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانغان بولۇپ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولغان تۇرۇپ①، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق (ئىتائەتسىزلىك) قىلسام②، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ ئۇ چاغدا سىلەر ماڭا زىيان يەتكۈزۈشتىن باشقا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيسىلەر③ [63]. ئى قەۋمىم! بۇ ئاللاھنىڭ (تاشتىن چىقارغان) چىشى تۆگىسى سىلەرگە بىر مۆجىزىدۇر، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنىدا (ئىختىيارى) ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى يېقىندا كېلىدىغان بىر ئازاب ھالاك قىلىدۇ»④ [64]. ئەمما ئۇلار (بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سالماي) چىشى تۆگىنى پۇتلىرىنى كېسىپ ئۆلتۈردى، سالىھ ئېيتتى: «يۇرتۇڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار (ئاندىن ھالاك بولىسىلەر). بۇ يالغان ئەمەس ۋەدىدۇر»⑤ [65]. بىزنىڭ (ئازاب قىلىش) ئەمرىمىز كەلگەندە⑥، سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن (ھەم ئۇ ئازابتىن ھەم) شۇ كۈننىڭ شەرمەندىچىلىكىدىن قۇتقۇزدۇق، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [66].***

① ﴿بَيِّنَةٍ﴾ روشەن ئاساس، ھۆججەت، ئىمان، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە ئاتا قىلغان دەلىل ئىسپات دېمەكتۇر، رەھمەت دېمەك پەيغەمبەرلىكنى كۆرسىتىدۇ.

② «ئاسىيلىق (ئىتائەتسىزلىك) قىلسام» يەنى سىلەرنىڭ رايىڭلار بويىچە ئەگەر مەن سىلەرنى ھەقىقەت تەرەپكە ۋە يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشنى تاشلىسام، دېمەكتۇر.

③ يەنى ئەگەر مەن سىلەر دېگەندەك قىلسام، سىلەر ماڭا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيسىلەر. بەلكى، ماڭا زىيان كەلتۈرىسىلەر.

④ بۇ تۆگە ئۇلارنىڭ تەلىۋى بويىچە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر تاغدىن ياكى تاشتىن چىقىرىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ﴿نَاقَةُ اللَّهِ﴾ «ئاللاھنىڭ چىشى تۆگىسى» دەپ ئاتالدى، چۈنكى بۇ تۆگە ئادەتتىكى تۇغۇلۇش يولى بىلەن ئەمەس بەلكى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆجىزىلىك

تەرىقىدە يارىتىلغانىدى. يەنە تۆگىگە ئازار بەرمەسلىك تەكىتلەنىدى، بولمىسا، ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلدى.

⑤ لېكىن زالىملار بۇ كاتتا مۆجىزىنى كۆرۈپ ئىمان كەلتۈرۈشكە ئۇنىمىدى، ھەتتا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئوچۇق-ئاشكارا قارشىلىق قىلىپ، تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىلىدىغانلىقى، مۆھلەت توشقاندىن كېيىن ئازاب كېلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

⑥ بۇ مەزكۇر ۋەدە بويىچە تۆتىنچى كۈنى كەلگەن ئازابنى كۆرسىتىدۇ. سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا ھەممە ئادەم بۇ ئازاب بىلەن ھالاك قىلىنىدى.

وَأَخَذَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلصَّيْحَةُ فَأَصْبَحُواْ فِي دِيَٰرِهِمْ جَٰثِمِينَ ﴿٦٧﴾
كَأَن لَّمْ يَغْنَوْاْ فِيهَآۗ أَلَآ إِنَّ ثَمُودَاْ كَفَرُواْ رَبَّهُمْۗ أَلَا بُعْدًا لِّثَمُودَ ﴿٦٨﴾
وَلَقَدْ جَآءَتْ رُسُلُنَآ إِبْرَٰهِيمَ بِٱلْبُشْرَىٰ قَالُواْ سَلَٰمًاۖ قَالَ سَلَٰمٌۖ
فَمَا لَبِثَ أَن جَآءَ بِعِجْلٍ حَنِيذٍ ﴿٦٩﴾

***ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا دەھشەتلىك ئاۋاز يۈزلەندى - دە① ، ئۇلار تۇرغان يەرلىرىدە دۈم چۈشۈپ قېتىپ قالدى② [67]. ئۇلارنىڭ ماكانلىرى گويا ئۇلار تۇرمىغاندەك (يەنى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ئادەمزات تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنمىغاندەك) بولۇپ قالدى③ ، بىلىڭلاركى، سەمۇد قەۋمى راستتىنلا پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى، بىلىڭلاركى، سەمۇد قەۋمى ھالاك بولسۇن! [68]. شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (بولغان پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى④ ۋە: «ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز»⑤ دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن»⑥ دېدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى⑦ [69].***

① بۇ ئازاب قاتتىق ۋاقىرىغان (چىرقىرىغان ئاۋاز، گۈلدۈرمامىا) ئاۋازدەك كەلدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ

ۋاقىرىغان ئاۋازى ئىدى، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئاسماندىن كەلگەن ئاۋاز ئىدى. ئاۋازنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە-پارە بولۇپ، ھالاك بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياكى دەل شۇ ۋاقىتتا قاتتىق يەر تەۋرىدى. نەتىجىدە ھەممىسى ھالاك بولدى. سۈرە ئەئرافنىڭ 78-ئايىتىدە ﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە (يەر تەۋرەش) يۈزلەندى-دە، ئۇلار (ھالاك بولۇپ) تۇرغان يېرىدە دۈم چۈشۈپ قېتىپ قالدى﴾ دەپ كەلگەن.

② ئۆلۈك قۇش يەردە تۇيۇقسىز تىپچەك بولغاندەك ياتقاندەك، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىمۇ ئېغىر-بۇرۇنلىرى تۇپىغا مىلەنگەن، يەرگە دۈم چۈشكەن ھالدا قېتىپ قالدى.

③ سەمۇد قەۋمى ياكى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ياكى ھەممىسى زېمىن يۈزىدىن، خۇددى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈلگەندەك، ئۆچۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ ماكانلىرى ئىلگىرى ئادەمزات ياشىمىغاندەك بولۇپ قالدى.

④ بۇ ئەسلىدە لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئالاقىدار قىسسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى، ئۇ ئۆلۈك دېڭىزنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ياشايتتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولسا، پەلەستىندە ياشايتتى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش بەلگىلەنگەن چاغدا، ئۇلار تەرەپكە پەرىشتىلەر ئەۋەتىلدى، پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەردى.

⑤ "سَلَّمْنَا عَلَيْكَ سَلَامًا" يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز، دېدى.

⑥ ئالدىنقى سالام سۆزىنىڭ قوش زەۋەرلىك ئوقۇلۇشى ئالدىدىكى بار دەپ قارالغان پېئىل سەۋەبىدىن ئىدى. بۇ ئايەتتە سالام سۆزىنىڭ قوش پېش بىلەن ئوقۇلۇشى ئۇنىڭ باش كېلىش ياكى خەۋەر بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. شۇنداق بولغاندا ئىبارە مۇنداق بولىدۇ: "أَمْرُكُمْ سَلَامٌ" ياكى "عَلَيْكُمْ سَلَامٌ" يەنى «سىلەرگىمۇ ئامانلىق تىلەيمەن».

⑦ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تولىمۇ مېھماندوست ئىدى. ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەككە ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن، ئۇلارنى مېھمان

دەپ ئويلىدى-دە دەرھال مېھمانلار ئۈچۈن دەپ تەييارلاپ قويۇلغان موزاي گۆشىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مېھماندىن سوراپ ئولتۇرماستىنلا، نېمە تەييار بولسا، شۇنى ئالدىغا قويۇش مېھماندارچىلىق ئۇسۇلىدۇر.

فَلَمَّا رَءَآ أَيْدِيَهُمْ لَا تَصِلُ إِلَيْهِ نَكِرَهُمْ وَأَوْجَسَ مِنْهُمْ خِيفَةً
قَالُوا۟ لَا تَخَفْ إِنَّآ أُرْسِلْنَآ إِلَىٰ قَوْمِ لُوطٍ ﴿٧٠﴾ وَٱمْرَأَتُهُۥ قَآئِمَةٌ
فَضَحِكَتْ فَبَشَّرْنَٰهَا بِإِسْحَٰقَ وَمِن وَرَآءِ إِسْحَٰقَ يَعْقُوبَ ﴿٧١﴾
قَالَتْ يَٰوَيْلَتَىٰٓ ءَأَلِدُ وَأَنَا۠ عَجُوزٌ وَهَٰذَا بَعْلِى شَيْخًا ۖ إِنَّ هَٰذَا لَشَىْءٌ
عَجِيبٌ ﴿٧٢﴾

*(ئىبراھىم) ئۇلارنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى (خاتا چۈشىنىپ) ياقتۇرمىدى ۋە ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى①. ئۇلار: «قورقمىغىن، شەكسىزكى، بىز (پەرىشتىلەرمىز، شۇڭا تاماق يېمەيمىز) لۇتنىڭ قەۋمى (نى ھالاك قىلىش) ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق»② دېدى [70]. ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە بىر تەرەپتە) ئۆرە تۇراتتى، (بۇنى ئاڭلاپ) كۈلدى③. بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق پەرزەنتى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق [71]. ئۇ (يەنى سارە): «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، مەن ئەمدى تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!»④ دېدى [72].*

① ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مېھمانلارنىڭ تاماققا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە بىر ئاز قورقۇنچ ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ئەگەر مېھمان تاماق يېمەي ئولتۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى غەيبنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام غەيبنى

بىلگەن بولسا، پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىغا مۇزاي گۆشى كەلتۈرمىگەن ۋە ئۇلاردىن قورقمىغان بولاتتى.

② ئۇنىڭ قورقۇنچىسىنى پەرىشتىلەر تۇيۇپ قالدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قورققانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن ياكى ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ قالغان ئىدى. سۈرە ھىجىر 52-ئايەتتە مۇنداق كەلگەن، ﴿ئىبراھىم: «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن قورقۇۋاتىمىز» دېدى. ئۇلار: «قورقمىغىن، (بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز)» دېدى﴾.

③ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە نېمە ئۈچۈن كۈلگەن؟ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، سارە لۇت قەۋمىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن خەۋەردار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغانلىق خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۈلگەن ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئاسماندا بۇ قەۋمنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقى قارار قىلىنىپ بولغان تۇرسا، بۇلارنىڭ تېخىچە غەپلەتتە يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ كۈلگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: جۈملىدە ئىلگىرى-كېيىنلىك مەۋجۇت، يەنى كۈلۈش باشتا، بېشارەت كېيىن كەلگەن. ئەسلىدە بۇ ياشىنىپ قالغان ئايالغا ئوغلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىلگەنلىكتىن كۈلگەن ئىدى. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

④ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە قېرىپ قالغان ئىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ ياشىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئاجايىپ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەيران قالغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

قَالُوٓاْ أَتَعۡجَبِينَ مِنۡ أَمۡرِ ٱللَّهِۖ رَحۡمَتُ ٱللَّهِ وَبَرَكَٰتُهُۥ عَلَيۡكُمۡ أَهۡلَ
ٱلۡبَيۡتِۚ إِنَّهُۥ حَمِيدٞ مَّجِيدٞ ﴿٧٣﴾ فَلَمَّا ذَهَبَ عَنۡ إِبۡرَٰهِيمَ ٱلرَّوۡعُ
وَجَآءَتۡهُ ٱلۡبُشۡرَىٰ يُجَٰدِلُنَا فِي قَوۡمِ لُوطٍ ﴿٧٤﴾ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ لَحَلِيمٌ أَوَّٰهٞ
مُّنِيبٞ ﴿٧٥﴾ يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُ أَعۡرِضۡ عَنۡ هَٰذَآۖ إِنَّهُۥ قَدۡ جَآءَ أَمۡرُ رَبِّكَۖ
وَإِنَّهُمۡ ءَاتِيهِمۡ عَذَابٌ غَيۡرُ مَرۡدُودٖ ﴿٧٦﴾ وَلَمَّا جَآءَتۡ رُسُلُنَا لُوطٗا
سِيٓءَ بِهِمۡ وَضَاقَ بِهِمۡ ذَرۡعٗا وَقَالَ هَٰذَا يَوۡمٌ عَصِيبٞ ﴿٧٧﴾

*پەرىشتىلەر: «ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟① ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرگە بولسۇن ئى ئۆي ئەھلى! (ئى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر!)② . شەكسىزكى، ئاللاھ مەدھىيەلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا سازاۋەردۇر» دېدى [73]. ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن (يەنى پەرىشتىلىرىمىز بىلەن) لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە (كىرىشتى)③ [74]. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، دائىم ئاللاھقا ئىلتىجا قىلغۇچى ئىدى [75]. (پەرىشتىلەر ئېيتتى) «ئى ئىبراھىم! بۇنىڭدىن (يەنى لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشتىن) ۋاز كەچكىن. چۈنكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) ئەمرى ئاللىقاچان كېلىپ بولدى، ئۇلارغا چوقۇم (مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن) قايتۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئازاب چۈشمەكچى»④ [76]. بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (بولغان پەرىشتىلەر ئىنسان سۈرىتىدە) لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ) قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇلار توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى ۋە: «بۇ بىر دىشۋار كۈندۇر» دېدى⑤ [77].*

① بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىدىن قانداقمۇ ئەجەبلىنىسىز؟ ھالبۇكى ئۇنىڭغا ھېچنەرسە مۇشكۈل ئەمەستۇر. ئۇ سەۋەب-ۋاستىغا موھتاج ئەمەس، نېمىنى خالىسا، «بول» دەيدۇ-دە ئۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

② ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىنى پەرىشتىلەر بۇ ئايەتتە ﴿اَهْلَ الْبَيْتِ﴾ (ئىبراھىم ئائىلىسىدىكىلەر، ئۆي ئەھلى) دەپ ئاتىدى، يەنە ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ﴿عَلَيْكُمْ﴾ سۆزىنى ئىشلەتتى. بۇنىڭدىن ئىككى نەرسىنى چۈشىنىمىز: بىرىنچىسى، ﴿اَهْلَ الْبَيْتِ﴾ «ئۆي ئەھلى، ئائىلىسى» دېگەنگە ھەممىدىن بۇرۇن ئەرنىڭ ئايالى كىرىدۇ. ئىككىنچىسى، ﴿اَهْلَ الْبَيْتِ﴾ دېگەن سۆز ئۈچۈن ئىككىنچى شەخس ئەرلىك كۆپلۈك ئالماشنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى شۇكى، سۈرە ئەھزابنىڭ 33-ئايىتىدە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ﴿أَهْلَ ٱلْبَيْتِ﴾ «ئەھلى بەيت، ئۆي ئەھلى» دەپ ئاتىدى، ئاندىن ئۇلارغا ئىككىنچى شەخس ئەرلىك كۆپلۈك ئالماشنى ئىشلىتىپ خىتاب قىلدى.

③ بۇ مۇنازىرىدىن مەقسەت شۇكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە مۇنداق دېگەن:]﴿ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ (يەنى لۇتقا ئوخشاش بىر ياخشى پەيغەمبەر تۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنى قانداقمۇ ھالاك قىلىسىلەر؟) دېۋىدى. پەرىشتىلەر: «بۇ شەھەردە بار كىشىلەرنى بىز (يەنى لۇتنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى) ئوبدان بىلىمىز، بىز لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى (ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر بىلەن) ئەلۋەتتە قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئايالى (كۇفرىدا قەۋمىگە ھەمنەپەس بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ ھالاك بولغۇچىلار ئىچىدە قالىدۇ»﴾. (سۈرە ئەنكەبۇت 32-ئايەت)

④ پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: ئەمدى بۇ ھەقتە مۇنازىرىلىشىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوقلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى ھۆكمى چوقۇم بولغانلىقىنى، بۇ ئىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شۇنداق تەقدىر قىلىنغانلىقىنى، ئېيتتى. يەنى بۇ ئازاب بىر شەخسنىڭ مۇنازىرىلىشىشى بىلەن توختاپ قالمايدۇ، دۇئا قىلىشى بىلەن يانمايدۇ.

⑤ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قەدەر قاتتىق پەرىشان بولغانلىق سەۋەبىنى مۇپەسسىرلەر مۇنداق بايان قىلىدۇ: پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا يۈزلىرى چىرايلىق، بۇرۇتلىرى خەت تارتمىغان، كېلىشكەن يىگىتلەر سۈرىتىدە كەلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى لۇت ئەلەيھىسسالامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ قەۋمىنىڭ يامان ئادىتىنى بىلگەچكە، مېھمانلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ئىدى. ئۇ يىگىتلەرنىڭ مېھمان ئەمەس بەلكى بۇ قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

وَجَآءَهُۥ قَوْمُهُۥ يُهْرَعُونَ إِلَيْهِ وَمِن قَبْلُ كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ ۚ
قَالَ يَٰقَوْمِ هَٰٓؤُلَآءِ بَنَاتِى هُنَّ أَطْهَرُ لَكُمْ ۖ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَلَا تُخْزُونِ

فِي ضَيۡفِيٓۖ أَلَيۡسَ مِنكُمۡ رَجُلٞ رَّشِيدٞ ٧٨ قَالُواْ لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَا
لَنَا فِي بَنَاتِكَ مِنۡ حَقّٖ وَإِنَّكَ لَتَعۡلَمُ مَا نُرِيدُ ٧٩

***(لۇتنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان) قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ (بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ) يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى①. لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مانا بۇلار مېنىڭ قىزلىرىمدۇر (ئۇلارغا ئۆيلىنىڭلار)، بۇلار سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر②، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېنى مېھمانلىرىم ئالدىدا ئوسال قىلماڭلار، ئاراڭلاردا (قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان) ئەقلى جايىدا بىرەر ئادەم يوقمۇ؟»③ [78]. ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن»④ [79].***

① بەچچىۋازلىققا ئادەتلىنىپ قالغانلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە ياش يىگىتنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، يۈگۈرگەن پېتى ئالدىراپ ـ تېنەپ كېلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ يامان غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مېھمانلارنى ئېلىپ كېتىشتە چىڭ تۇرۇۋالدى.

② يەنى جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش مەقسىتىڭلار بولسا، مېنىڭ قىزلىرىم بار، شۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: «قىزلىرىم» دېگەندىن ئۇممىتىمىي ئاياللار كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇنداقتا بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى «قىزلىرىم» دەپ ئاتىغان؟ چۈنكى پەيغەمبەر ئۆز ئۇممىتىنىڭ ئاتىسى ئورنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، قەۋمى ئىچىدىكى ئاياللارنى قىزلىرىم دەپ ئاتىغان. يەنى جىنسىي ھەۋەسنى ئاياللار بىلەن قاندۇرۇڭلار، ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىسىلەر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ يەنى مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگەن مېھمانلارغا چېقىلىپ، مېنى ئوسال قىلماڭلار. ئاراڭلاردا ساھىبخانىلىقنىڭ تەقەززاسى ۋە مېھماندارچىلىقنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشىنىدىغان، سىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىرەر ئاقىلىق ئادەم يوقمۇ؟ لۇت ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى، مېھمانلارنىڭ ئەسلىدە پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن، ئۇلارنى يېڭى كەلگەن

مۇساپىرلار دەپ قارىغانلىقتىن، قىلغان. شۇڭا باشتىن-ئاخىر ئۇلارنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى قوغداش دەپ قاراپ كەلگەن. قۇرئان كەرىم بىزگە تەسۋىرلەپ بەرگەن بۇ جەرياندا قارايدىغان بولساق، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى ئالدىن بىلگەن بولسا ياكى غەيبنى بىلگەن بولسا ئىدى، بۇ قەدەر قىيىن ئەھۋالدا قالمىغان بولاتتى.

④ يەنى ئۇلار بىر تەبىئىي ھەم قانۇنلۇق بولغان يولنى رەت قىلدى. تەبىئىي بولمىغان قەبىھ قىلمىشتا چىڭ تۇردى. بۇنىڭدىن ئۇ قەۋمنىڭ نەقەدەر كور بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە ھاياسىزلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ، قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

قَالَ لَوْ أَنَّ لِي بِكُمْ قُوَّةً أَوْ ءَاوِيٓ إِلَىٰ رُكۡنٖ شَدِيدٖ ﴿٨٠﴾ قَالُواْ يَٰلُوطُ
إِنَّا رُسُلُ رَبِّكَ لَن يَصِلُوٓاْ إِلَيۡكَۖ فَأَسۡرِ بِأَهۡلِكَ بِقِطۡعٖ مِّنَ ٱلَّيۡلِ
وَلَا يَلۡتَفِتۡ مِنكُمۡ أَحَدٌ إِلَّا ٱمۡرَأَتَكَۖ إِنَّهُۥ مُصِيبُهَا مَآ أَصَابَهُمۡۚ إِنَّ
مَوۡعِدَهُمُ ٱلصُّبۡحُۚ أَلَيۡسَ ٱلصُّبۡحُ بِقَرِيبٖ ﴿٨١﴾ فَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا
جَعَلۡنَا عَٰلِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمۡطَرۡنَا عَلَيۡهَا حِجَارَةٗ مِّن سِجِّيلٖ
مَّنضُودٖ ﴿٨٢﴾ مُّسَوَّمَةً عِندَ رَبِّكَۖ وَمَا هِيَ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ بِبَعِيدٖ ﴿٨٣﴾

***لۇت ئېيتتى: «كاشكى مېنىڭ سىلەرگە (قارشى تۇرغىدەك) كۈچ - قۇۋۋىتىم ياكى تايانغۇدەك كۈچلۈك تۈۋرۈك (جەمەتىم) بولغان بولسىچۇ!»① [80]. (پەرىشتىلەر): «ئى لۇت! شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) چىقىپ كەتكىن، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن. ئايالىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى ئۇلارغا يەتكەن (ئازاب) ئۇنىڭغىمۇ يېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان (ئازاب چۈشىدىغان) چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر، تاڭ ۋاقتى يېقىن ئەمەسمۇ؟» دېدى② [81]. بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق***

***(يەنى دۇم كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق [82]. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى، ئۇ (يۇرتلار) بۇ زالىملاردىن يىراق ئەمەس③ [83].***

① بۇ يەردىكى ﴿قُوَّةً﴾ قۇۋۋەت ئۆزىنىڭ بىلىكى كۈچلۈك، ۋاستىسى كۈچلۈك ياكى ئەۋلادى كۈچلۈك دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ﴿رُكْنٍ شَدِيدٍ﴾ «مۇستەھكەم تۈۋرۈك» دېگەندىن جەمەت، قەبىلە ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۈچلۈك ئارقا تېرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى لۇت ئەلەيھىسسالام ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقتىن مۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ: كاشكى مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىم بولغان بولسا ياكى كۈچلۈك بىر جەمەت ياكى قەبىلە مېنى قوللايدىغان بولسا، بۈگۈن بۇ بەتنىيەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرەتتىم، مېھمانلار سەۋەبلىك قىيىن ئەھۋالدا قالمايتتىم، ئۇلارنى قوغداپ قالاتتىم. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئارزۇسى ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىش ۋە تايىنىش پرىنسىپىغا زىت كەلمەيدۇ. بەلكى بۇ زاھىرىي سەۋەبلەرگە ئۈيغۇندۇر. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ توغرا ئۇقۇمى ۋە تەلىپى شۇكى، باشتا زاھىرىي سەۋەب-ۋاستىلەرنى ھازىرلاپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش لازىم. ھېچقانداق سەۋەب قىلماستىن قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق، دېيىش خاتادۇر. شۇڭا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرى زاھىرىي سەۋەبلەرنى ئېتىبارغا ئالغاندا تامامەن توغرا. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (بۈگۈنكى بەزى كىشىلەر ئېتىقاد قىلغاندەك) غەيبنى بىلگۈچىمۇ ئەمەس، شۇنداقلا خالىغىنىنى قىلالايدىغان ئىختىيارغىمۇ ئىگە ئەمەس. ئەگەر پەيغەمبەر دۇنيادا خالىغىنىنى قىلىدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولسا ئىدى، لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئالدىدا قىيىن ئەھۋالدا قالمىغان ۋە مەزكۇر ئارزۇلىرىنى ئىزھار قىلمىغان بولاتتى.

② پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئوساللىقىنى كۆرگەندىن كېيىن دېدىكى: ئى لۇت! قورقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇلار بىزگىلا ئەمەس، ساڭىمۇ ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئاياللىڭدىن باشقا ئائىلەڭدىكىلەر ۋە ساڭا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى ئېلىپ بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكىن، بۇ يۇرت ئەھلى تاڭ ئاتقان ھامان ھالاك قىلىنىدۇ.

③ بۇ ئايەتتىكى ﴿هِىَ﴾ «ئۇ» دېگەن ئالماش بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، لۇت قەۋمىنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان بەلگىلىك تاشلارنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇ تاشلارنىڭ بۇ زالىملارنىڭ ئۈستىگىمۇ يېغىشى ئانچە يىراق ئەمەس. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، شام بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى مەزكۇر ھالاك قىلىنغان يۇرتلارنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇ ھالاك قىلىنغان يۇرتلار بۇ زالىملاردىن ئانچە يىراق ئەمەس. بۇ يەردىكى «زالىملار» دېگەندىن مەككە مۇشرىكلىرى ۋە باشقا دىنىي ئىنكار قىلغۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسەت ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، يەنى سىلەرگىمۇ ئىلگىرىكى قەۋملەرگە كەلگەن ئازاب كېلىپ قالىدۇ، دېمەكتۇر.

۞ وَإِلَىٰ مَدۡيَنَ أَخَاهُمۡ شُعَيۡبٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم
مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ وَلَا تَنقُصُواْ ٱلۡمِكۡيَالَ وَٱلۡمِيزَانَۖ إِنِّيٓ أَرَىٰكُم بِخَيۡرٖ
وَإِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٖ مُّحِيطٖ ٨٤ وَيَٰقَوۡمِ أَوۡفُواْ ٱلۡمِكۡيَالَ
وَٱلۡمِيزَانَ بِٱلۡقِسۡطِۖ وَلَا تَبۡخَسُواْ ٱلنَّاسَ أَشۡيَآءَهُمۡ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي
ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ٨٥

***مەديەن① (ئاھالىسى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار②. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنى بايلىق ئىچىدە كۆرۈۋاتىمەن③، مەن راستىنلا سىلەرنىڭ (ھەممىنى) قورشىغۇچى كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچراپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن④ [84]. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا ئادىللىق بىلەن تولۇق ئۆلچەپ، توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار⑤، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات (قالايمىقانچىلىق) تېرىماڭلار⑥ [85].***

① ﴿مَدۡيَنَ﴾ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان بىر

كىشىنىڭ ئىسمى ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قەبىلىنىڭ ئىسمى ۋە ئۇلار تۇرغان جاينىڭ ئىسمىمۇ مەديەن دەپ ئاتالغان. دېمەك، مەديەن ھەم قەبىلە ھەم يۇرتنىڭ نامىدۇر. مەديەن ئاھالىسى ھەققىدە سۈرە ئەئراف 85-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ.

② شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يامراپ كەتكەن ناچار ئەخلاق ۋە ئۆلچەمدە كەم بېرىش قاتارلىق ئىللەتلەردىن ئۇلارنى چەكلەشكە باشلىدى. بۇ قەۋمدە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بىر جىنايەت شۇ ئىدىكى، ئۇلار نەرسە سېتىۋالغاندا ئۆلچەمدىن ئارتۇق ئېلىۋالاتتى، ساتقان چاغدا سېتىۋالغۇچىغا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن كەم بېرەتتى، تارازىغىمۇ ھىيلە ئىشلىتەتتى.

③ ئاللاھ تائالا سىلەرگە مەرھەمەت قىلىپ، سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار پاراۋان ۋە رىزقىڭلارنى كەڭ قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلىسىلەر؟ بۇ مەزكۇر چەكلىمىنىڭ بىرىنچى سەۋەبىدۇر.

④ ئىككىنچى سەۋەبى شۇكى، ئەگەر سىلەر بۇ قىلمىشتىن قول ئۈزمىسەڭلار، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايسىلەر. مەن مۇشۇ تەرەپتىن ئەنسىرەيمەن. «(ھەممىنى) قورشىغۇچى كۈن» قىيامەت كۈنىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ كۈندە ھېچبىر گۇناھكار بەندە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن نە قېچىپ كېتەلمەيدۇ، نە يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ.

⑤ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى ئىككى مۇھىم ئاساسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1-ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، 2-بەندىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش. بىرىنچىسىنىڭ دەلىلى ﴿ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار﴾، ئىككىنچىسىنىڭ دەلىلى ﴿ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار﴾ دېگەن ئايەتتۇر. بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ تائالا تەكىتلەپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىنساپ بىلەن توغرا ئۆلچەشكە بۇيرىدى ۋە كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بېرىشتىن چەكلىدى. چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ چوڭ جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا پۈتۈن بىر سۈرىدە بۇ جىنايەتنىڭ قەبىھلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىنى بايان قىلدى. ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ﴾. (سۈرە مۇتەففىفىن 1-ئايەتتىن 3-ئايەتكىچە)

⑥ شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىشتىن چەكلىدى، خۇسۇسەن بەندىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلاردىن، مەسىلەن: بۇ يەردە تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بېرىشتىن چەكلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن زېمىندا بۇزغۇنچىلىق، چىرىكلىك ۋە پىتنە-پاسات پەيدا بولىدۇ.

بَقِيَّتُ ٱللَّهِ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَۚ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيۡكُم
بِحَفِيظٖ ﴿٨٦﴾ قَالُواْ يَٰشُعَيۡبُ أَصَلَوٰتُكَ تَأۡمُرُكَ أَن نَّتۡرُكَ مَا يَعۡبُدُ
ءَابَآؤُنَآ أَوۡ أَن نَّفۡعَلَ فِيٓ أَمۡوَٰلِنَا مَا نَشَٰٓؤُاْۖ إِنَّكَ لَأَنتَ ٱلۡحَلِيمُ
ٱلرَّشِيدُ ﴿٨٧﴾

***ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھ قالدۇرغان (ھالال پايدا) سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر①. مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى (كۆزەتچى) ئەمەسمەن»② [86]. ئۇلار (مەسخىرە قىلغان ھالدا): «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ③ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) تاشلىشىمىزغا ياكى پۇل - ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلماسلىقىمىزغا④ بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان بىر ئادەمسەن - دە»⑤ دېدى [87].***

① ﴿بَقِيَّتُ اللهِ﴾ «ئاللاھ قالدۇرغان ھالال پايدا» دېگەن ئۆلچەمدە كەم بەرمەستىن، پاك-ديانەتلىك بىلەن قىلغان تىجارەتتىن ئالغان پايدىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق پايدا ھالال ۋە پاك بولىدۇ، بەرىكەتمۇ شۇنىڭدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ﴿بَقِيَّتُ اللهِ﴾ «ئاللاھ قالدۇرغان ھالال پايدا ۋە رىزىق» دەپ ئاتالدى.

② يەنى مەن پەقەت سىلەرگە دەۋەت قىلالايمەن، بۇنىمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قىلىمەن. لېكىن سىلەرنى يامان ئىشتىن توختىتىماق ياكى جازالىماق مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس. بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر.

③ ﴿صَلَوٰتُكَ﴾ «نامىزىڭ» يەنى دىنىڭ، ئىبادىتىڭ، دەۋىتىڭ ياكى تىلاۋىتىڭ دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

④ بۇنىڭدىن بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ھەربىر ساماۋى دىن بۇيرۇغان زاكات ۋە سەدىقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان زاكات ۋە سەدىقىلەرنى بېرىش ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدىغانلارغا تولىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر: بىز بۇ پۇلنى ئۆز ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ، جاپا چېكىپ تاپقان تۇرساق، ئۇنى تەسەررۇپ قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە نېمە ئۈچۈن بىزگە چەكلىمە قويۇلىدۇ؟ نېمشقا بىز مەلۇم مۆددەت ئىچىدە تاپقان پۇلنىڭ بىر قىسمىدىن زاكات بېرىشكە مەجبۇرلىنىمىز؟ دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭدەك كەسىپ ۋە تىجارەتتە ھالال ۋە ھارامغا دىققەت قىلىش، دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەس ئۇسۇللارنى ئايرىپ ئىش قىلىش ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە قىيىن تۇيۇلىدۇ. بۇ قەۋم تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بېرىشتىن چەكلەنگەندە بۇنى ئۆزلىرىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا دەخلى قىلغانلىق دەپ چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن، ھەمدە مەزكۇر ئىبارىلەر بىلەن ئىنكار قىلغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. مەزكۇر ئىككى چۈشەنچىنىڭ ھەر ئىككىسى توغرىدۇر.

⑤ ئۇلار بۇ سۆزلەرنى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتتى.

قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَرَزَقَنِي مِنۡهُ رِزۡقًا
حَسَنٗاۚ وَمَآ أُرِيدُ أَنۡ أُخَالِفَكُمۡ إِلَىٰ مَآ أَنۡهَىٰكُمۡ عَنۡهُۚ إِنۡ أُرِيدُ إِلَّا
ٱلۡإِصۡلَٰحَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُۚ وَمَا تَوۡفِيقِيٓ إِلَّا بِٱللَّهِۚ عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ
أُنِيبُ ﴿٨٨﴾ وَيَٰقَوۡمِ لَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ شِقَاقِيٓ أَن يُصِيبَكُم مِّثۡلُ مَآ
أَصَابَ قَوۡمَ نُوحٍ أَوۡ قَوۡمَ هُودٍ أَوۡ قَوۡمَ صَٰلِحٖۚ وَمَا قَوۡمُ لُوطٖ
مِّنكُم بِبَعِيدٖ ﴿٨٩﴾ وَٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِۚ إِنَّ رَبِّي رَحِيمٞ
وَدُودٞ ﴿٩٠﴾ قَالُواْ يَٰشُعَيۡبُ مَا نَفۡقَهُ كَثِيرٗا مِّمَّا تَقُولُ وَإِنَّا لَنَرَىٰكَ
فِينَا ضَعِيفٗاۖ وَلَوۡلَا رَهۡطُكَ لَرَجَمۡنَٰكَۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡنَا بِعَزِيزٖ ﴿٩١﴾

*شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! دەپ بېقىڭلارچۇ، مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن (بېرىلگەن) ئوپئوچۇق دەلىلگە ئاساسلانغان تۇرسام ۋە ئۇ مېنى ئۆز تەرىپىدىن گۈزەل بىر رىزىق① بىلەن رىزىقلاندۇرغان تۇرسا، (ئەمدى مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىمەن؟) مەن سىلەرنى توسقان ئىشنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن②، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە ئىسلاھ قىلىشنىلا خالايمەن③، (مېنىڭ بۇ ئىشتا) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا بولىدۇ④، مەن (ھەممە ئىشتا) ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلدىم ۋە ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىمەن [88]. ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا بولغان قارشىلىقىڭلار ھەرگىز سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋەياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. (ھالاك قىلىنغان) لۇت قەۋمى )نىڭ دىيارى)مۇ سىلەردىن يىراق ئەمەس⑤ [89]. سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر، (مۇئمىنلەرنى) دوست تۇتقۇچىدۇر» [90]. ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ كۆپلىرىنى چۈشەنمەيمىز⑥. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز بىر ئادەم دەپ قارايمىز⑦، سېنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرىڭ بولمىسا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم چالما - كېسەك قىلىۋېتەتتۇق⑧، سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن»⑨ دېدى [91].*

① ﴿رِزْقًا حَسَنًا﴾ «گۈزەل بىر رىزىق» دېگەندىن يەنە پەيغەمبەرلىك شەرىپىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.) تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى مەن سىلەرنى توسقان يامان ئىشنى ئۆزۈم قىلىپ، سۆزۈمگە خىلاپلىق قىلغۇچى ئەمەسمەن.

③ يەنى مەن سىلەرنى بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلاردا تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە سىلەرنى تۈزەشنىلا مەقسەت قىلىمەن.

④ يەنى مېنىڭ ھەقىقەتكە يېتىشتىكى مەقسىتىم پەقەت ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا مەن ھەر ئىشتا ئاللاھقىلا

تەۋەككۇل قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغىلا مۇراجىئەت قىلىمەن.

⑤ يەنى ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانى سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردىن يىراق ئەمەس. يەنە بىر مەنىسى، ئۇلارنى ئازابقا لايىق قىلغان سەۋەب سىلەردىن يىراق ئەمەس، دېمەكتۇر.

⑥ ئۇلارنىڭ «چۈشەنمەيمىز» دېيىشىدە ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار: بىرىنچىسى، ئۇلار بۇ سۆزنى كەمسىتىش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن دېگەن بولۇشى مۇمكىن، ھالبۇكى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئۇلار چۈشىنەلمىگىدەك دەرىجىدە قىيىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ «چۈشەنمەيمىز» دېگەنلىكى مەجاز بولغان بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ «چۈشەنمەيمىز» دېگىنى غەيبكە ئالاقىدار نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولسا، مەسىلەن: ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، مەھشەرگاھقا جەم بولۇپ ھېساب بېرىش، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىقلارنى چۈشەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ چۈشەنمىگەنلىكى مەجاز ئەمەس، بەلكى راست بولغان بولىدۇ.

⑦ بۇ يەردىكى «كۈچسىز» لىك جىسمانىي جەھەتتىن ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ۋىجىك ياكى ئورۇق ئىدى ياكى قارشىلاشقۇچىلارغا ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۇنى «كۈچسىز» دېگەن ئىدى.

⑧ ئېيتىشلارغا قارىغاندا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى ئۇنىڭغا يان باسمايتتى، لېكىن ئۇنىڭ جەمەتى كۇفرىدا ئۆز قەۋمى بىلەن بىر بولغانلىقى ئۈچۈن بىر-بىرىگە يول قوياتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ جەمەتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا باشقىلارنىڭ قاتتىق قوللۇق قىلىشى ۋە زىيان يەتكۈزۈشىگە توسالغۇ بولاتتى.

⑨ بىراق، بىز جەمەتىڭنىڭ ھۆرمىتى ۋە يۈز-خاتىرىنى نەزەردە تۇتۇپ سېنى ئۆز ھالىڭغا قويۇپ بېرىۋاتىمىز.

قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَهۡطِيٓ أَعَزُّ عَلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَٱتَّخَذۡتُمُوهُ وَرَآءَكُمۡ
ظِهۡرِيًّاۖ إِنَّ رَبِّي بِمَا تَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ﴿٩٢﴾ وَيَٰقَوۡمِ ٱعۡمَلُواْ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمۡ

إِنِّي عَٰمِلٌۖ سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن يَأۡتِيهِ عَذَابٞ يُخۡزِيهِ وَمَنۡ هُوَ كَٰذِبٞۖ وَٱرۡتَقِبُوٓاْ إِنِّي مَعَكُمۡ رَقِيبٞ ﴿٩٣﴾

*شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىم سىلەرگە ئاللاھتىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر ئۇنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار①. شەكسىزكى، پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر [92]. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە (ئۆز يولۇم بويىچە) ھەرىكەت قىلاي! سىلەر ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر. (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار! مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتۈۋاتىمەن»② [93].*

① سىلەر ماڭا جەمەتىمنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ، ئېتىبار قىلىۋاتىسىلەر، لېكىن مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە يۈكسەكلىكىنى قىلچە ھۆرمەت قىلمايۋاتىسىلەر، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمايۋاتىسىلەر. بۇ ئايەتتە شۇئەيب ئەلەيھىسسالام: مېنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىم سىلەرگە مەندىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ دېگەننىڭ ئورنىغا ﴿مېنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىم سىلەرگە ئاللاھتىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟﴾ دېدى. مۇنداق دېيىشتىن مەقسەت شۇكى، پەيغەمبەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەسلىدە ئاللاھنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەرنى ئاللاھ ئەۋەتكەندۇر. شۇنىڭدەك يەنە ھەقىقىي ئۆلىمالارنى تۆۋەن كۆرۈشمۇ ئاللاھنىڭ دىنىنى تۆۋەن كۆرگەنلىك ۋە كۆزگە ئىلمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ نامايەندىلىرىدۇر. ﴿وَاتَّخَذْتُمُوهُ﴾دىكى ئالماش ئاللاھ تائالانى كۆرسىتىدۇ. دېمەك سىلەر مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھنى چوڭ بىلمىدىڭلار، ئۇلۇغلىمىدىڭلار، ئۇنىڭ ئەمرىگە پەرۋا قىلمىدىڭلار.

② شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقىنى ھەمدە ۋەز-نەسىھەتلىرىنىڭ تەسىر قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، دېدىكى: ئۇنداقتا سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلىۋېرىڭلار،

ئۇزاقتا قالماي سىلەرگە كىمنىڭ خار قىلغۇچى ئازابقا لايىق بولىدىغانلىقى، كىمنىڭ يالغانچى ۋە كىمنىڭ راستچىللىقى ئايان بولىدۇ.

وَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا شُعَيۡبٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا
وَأَخَذَتِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلصَّيۡحَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي دِيَٰرِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٩٤﴾
كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡاْ فِيهَآۗ أَلَا بُعۡدٗا لِّمَدۡيَنَ كَمَا بَعِدَتۡ ثَمُودُ ﴿٩٥﴾ وَلَقَدۡ
أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَا وَسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ﴿٩٦﴾ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ
فَٱتَّبَعُوٓاْ أَمۡرَ فِرۡعَوۡنَۖ وَمَآ أَمۡرُ فِرۡعَوۡنَ بِرَشِيدٖ ﴿٩٧﴾ يَقۡدُمُ قَوۡمَهُۥ
يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَأَوۡرَدَهُمُ ٱلنَّارَۖ وَبِئۡسَ ٱلۡوِرۡدُ ٱلۡمَوۡرُودُ ﴿٩٨﴾

*بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى بىز تەرەپتىن (خاس) بىر مەرھەمەت بىلەن قۇتقۇزدۇق، (ئىمان ئېيتماي) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە)① يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە دۈم چۈشۈپ قېتىپ قالدى [94]. گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرىدا ئادەمزات ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەك ھالاك بولسۇن!② [95]. شەكسىزكى، بىز مۇسانى ئايەتلىرىمىز (مۆجىزىلىرىمىز) ۋە روشەن دەلىللەر③ بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا④ (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئەمما ئۇ كاتتىباشلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى، پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى⑤ [96 ـ 97]. پىرئەۋن قىيامەت كۈنى قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ⑥، ئۇ (باشلاپ بارىدىغان) جاي نېمىدېگەن يامان!⑦ [98].*

① بۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە-پارە بولدى-دە ھالاك بولدى، قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭلا يەرمۇ تەۋرىدى. بۇ نۇقتا سۈرە

ئەئراف 91-ئايەت ۋە سۈرە ئەنكەبۇت 370-ئايەتتە بايان قىلىندى.

② يەنى لەنەتكە دۇچار بولسۇن! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولسۇن!

③ بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿بِاٰيٰتِنَا﴾ «ئايەتلىرىمىز» دېگەندىن تەۋرات، ﴿سُلْطٰنٍ مُّبِيْنٍ﴾ «روشەن دەلىللەر» دېگەندىن مۆجىزىلەر مەقسەت قىلىنغان دېسە، بەزىلەر ﴿بِاٰيٰتِنَا﴾ دېگەندىن توققۇز مۆجىزە، ﴿سُلْطٰنٍ مُّبِيْنٍ﴾ «روشەن دەلىللەر» دېگەندىن ھاسا مەقسەت قىلىنغان، گەرچە ھاسا توققۇز مۆجىزىنىڭ جۈملىسىدىن بولسىمۇ، بۇ ئەڭ چوڭ مۆجىزە بولغانلىقتىن ئايرىم تىلغا ئېلىنغان، دەيدۇ.

④ ﴿مَلَا۟ئِهٖ﴾ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە ئىلغارلىرىنى كۆرسىتىدۇ. (ئىلگىرىمۇ بايان قىلىنغاندەك) پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى كاتتىباشلارنىڭمۇ تىلغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، قەۋمنىڭ كاتتىباشلىرىلا ھەر ئىشقا مەسئۇل بولىدۇ، قەۋم ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان بولسا، ئېنىقكى پىرئەۋننىڭ بارلىق قەۋمىمۇ ئىمان ئېيتقان بولاتتى.

⑤ ﴿رَشِيْدٍ﴾ توغرىغا يېتەكلىگۈچى، ھىدايەتكە باشلىغۇچى دېگەن مەنىدە. يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ھىدايەتكە باشلايدىغان توغرا سۆز ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۇنى رەت قىلدى. پىرئەۋننىڭ سۆزىدە ھىدايەت ۋە توغرىلىق يوق ئىدى، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

⑥ يەنى دۇنيادىكى چاغدا پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنىڭ رەھبىرى ۋە باشلامچىسى ئىدى، قىيامەت كۈنىمۇ قەۋمىگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى جەھەننەمگە باشلاپ كىرىدۇ.

⑦ ﴿وِرْدُ﴾ سۇ ئىچىدىغان كۆلنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇسساپ كەتكەن ئادەم بېرىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان جاي. لېكىن بۇ يەردە جەھەننەم ﴿وِرْدُ﴾ دەپ ئاتالدى. ﴿الْمَوْرُوْدُ﴾ دېگەنمۇ جاي ياكى كۆل يەنى جەھەننەمدىكى كىشىلەر ئېلىپ بېرىلىدىغان جايدۇر. دېمەك جايمۇ يامان؛ ئېلىپ بېرىلىدىغان كىشىلەرمۇ ياماندۇر. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

وَأُتْبِعُوا۟ فِى هَٰذِهِۦ لَعْنَةً وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ بِئْسَ ٱلرِّفْدُ ٱلْمَرْفُودُ ﴿٩٩﴾

ذَٰلِكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلۡقُرَىٰ نَقُصُّهُۥ عَلَيۡكَۖ مِنۡهَا قَآئِمٞ وَحَصِيدٞ ﴿١٠٠﴾
وَمَا ظَلَمۡنَٰهُمۡ وَلَٰكِن ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡۖ فَمَآ أَغۡنَتۡ عَنۡهُمۡ ءَالِهَتُهُمُ
ٱلَّتِي يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖ لَّمَّا جَآءَ أَمۡرُ رَبِّكَۖ وَمَا
زَادُوهُمۡ غَيۡرَ تَتۡبِيبٖ ﴿١٠١﴾ وَكَذَٰلِكَ أَخۡذُ رَبِّكَ إِذَآ أَخَذَ ٱلۡقُرَىٰ وَهِيَ
ظَٰلِمَةٌۚ إِنَّ أَخۡذَهُۥٓ أَلِيمٞ شَدِيدٌ ﴿١٠٢﴾

***ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچراپ تۇردۇ① ، ئۇلارغا بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!② [99]. مانا بۇلار (ئاھالىسىنى بىز ھالاك قىلغان) يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدىندۇركى، بىز ئۇنى ساڭا (ۋەھيى ئارقىلىق) بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. ئۇ يۇرتلاردىن (سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتلىرىدەك) ئىزى قالغانلىرىمۇ بار، (ئاد قەۋمىنىڭ يۇرتلىرىدەك) ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار③ [100]. بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق④ ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى⑤. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى، (ئەكسىچە) ئۇلارغا زىيان سېلىشتىن باشقىسىغا يارىمىدى⑥ [101]. پەرۋەردىگارىڭ (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ يۇرتلىرىنى ۋەيران قىلسا، ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئازابى بەكمۇ دەردلىك ۋە تولىمۇ قاتتىقتۇر⑦ [102].***

① لەنەتكە دۇچار بولىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق ۋە مەھرۇم بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتمىسا، دۇنيادىمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ، ئاخىرەتتىمۇ مەھرۇم قالىدۇ.

② ﴿الرِّفۡدُ﴾ سوۋغا ۋە ھەدىيە دېگەن مەنىدە. بۇيەردە لەنەت ﴿الرِّفۡدُ﴾ دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇ ئەڭ يامان سوۋغا دېيىلدى. ﴿الۡمَرۡفُودُ﴾مۇ باشقىلارغا بېرىلىدىغان سوۋغات ۋە ھەدىيەنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ﴿الرِّفۡدُ﴾ سۆزىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن.

③ ﴿قَآيِمٌ﴾ دېگەندىن بىنالىرى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يۇرتلار، ﴿حَصِيدٌ﴾ «مَحْصُودٌ» مەنىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئورۇۋېتىلگەن زىرائەتتەك ۋەيران قىلىنغان يۇرتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىز سىلەرگە ئىلگىرىكى يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىنى بايان قىلدۇق، ئۇ يۇرتلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ بار، ئۇلارنىڭ ئىزى ۋە ئاسارئەتىقىلىرى ئىبرەت بەلگىسىدۇر. بەزىلىرى يەر يۈزىدىن تامامەن يوقالدى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ۋەقەلىرى پەقەت تارىخ بەتلىرىدىلا قالدى.

④ بىز ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتىپ ھالاك قىلىش بىلەن ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق.

⑤ ئۇلار بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى يالغانچىغا چىقىرىش ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.

⑥ ئۇلار مەبۇدلىرىنى ئۆزلىرىگە پايدا يەتكۈزەلەيدۇ، زىياندىن ساقلايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى كەلگەندە، ئېتىقادىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى.

⑦ يەنى ئاللاھ تائالا ئىلگىرى ئۆتكەن زالىم قەۋملەرنى ھالاك قىلغاندەك، كەلگۈسىدىمۇ زالىملارنى ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىشقا قادىردۇر. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا زالىمغا ئەلۋەتتە مۆھلەت بېرىدۇ. مۆھلەتنى توشقاندا، ئۇنى تۇيۇقسىز جازالايدۇ. جازالىغاندا ھەرگىزمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4686-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2583-ھەدىس)

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّمَنۡ خَافَ عَذَابَ ٱلۡأٓخِرَةِۚ ذَٰلِكَ يَوۡمٞ مَّجۡمُوعٞ لَّهُ
ٱلنَّاسُ وَذَٰلِكَ يَوۡمٞ مَّشۡهُودٞ ١٠٣ وَمَا نُؤَخِّرُهُۥٓ إِلَّا لِأَجَلٖ مَّعۡدُودٖ ١٠٤
يَوۡمَ يَأۡتِ لَا تَكَلَّمُ نَفۡسٌ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ فَمِنۡهُمۡ شَقِيّٞ وَسَعِيدٞ ١٠٥
فَأَمَّا ٱلَّذِينَ شَقُواْ فَفِي ٱلنَّارِ لَهُمۡ فِيهَا زَفِيرٞ وَشَهِيقٌ ١٠٦ خَٰلِدِينَ
فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ

***مانا بۇنىڭدا ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت باردۇر①، ئەنە شۇ (ئاخىرەت كۈنى) پۈتۈن ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر② [103]. بىز ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) مۇئەييەن مۇددەتكىچىلا تەخىر قىلىمىز (كېچىكتۈرىمىز)③ [104]. ئۇ كۈن كەلگەندە، ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ④، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەختسىز بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ [105]. بەختسىزلەرگە كەلسەك، ئۇلار (ئۇ كۈنى) دوزاختا بولىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) تووۋلاپ نالە - پەرياد چېكىدۇ [106]. ئاسمانلار بىلەن زېمىن مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن⑤،***

① يەنى ئاللاھنىڭ جازالىشىدا ياكى مەزكۇر ۋەقەلەردە ئىبرەت ۋە نەسىھەتلەر بار.

② ھېساب بېرىش ئۈچۈن، جازا ياكى مۇكاپات ئۈچۈن جەم بولىدىغان كۈندۇر.

③ يەنى قىيامەت كۈنىنى كېچىكتۈرۈشتىكى سەۋەب شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇ كۈن ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ۋاقىت بەلگىلىگەن، ئۇ ۋاقىت توشقاندا، بىر سېكۇنتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

④ «سۆز قىلالمايدۇ» دېگەندىن مەقسەت، ھېچكىم ئاللاھ تائالاغا سۆز قىلىشقا ياكى شاپائەتكە ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. پەقەت ئاللاھ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، رۇخسەت قىلىنغان كىشىلەرلا سۆز قىلالايدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 806 - ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 299 - ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت قىلىش ھەققىدىكى ئۇزۇن ھەدىسىنىڭ بىر قىسمىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۇ كۈندە پەقەت پەيغەمبەرلەرلا سۆزلەيدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇ كۈندىكى دۇئاسى: ئى ئاللاھ! سالامەت قىلغىن، سالامەت قىلغىن، دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ».

⑤ بۇ ئىبارىدىن بەزى كىشىلەر جەھەننەمنىڭ ئازابى كاپىرلارغا مەڭگۈلۈك ئەمەس بەلكى ۋاقىتلىق بولىدۇ دەپ خاتا چۈشەنگەن، يەنى

كاپىرلار ئاسمانلار بىلەن زېمىن مەۋجۇت بولۇپلا تۇرغانغا قەدەر جەھەننەمدە تۇرىدۇ، دەپ قارىغان. لېكىن بۇ چۈشەنچە توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ئايەت ﴿ئاسمانلار بىلەن زېمىن مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن﴾ دەپ، ئەرەبلەرنىڭ بىرەر نەرسىنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا " هَـٰذَا دَآئِمٌ دَوَامَ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ " «بۇ نەرسە ئاسمانلار بىلەن زېمىن داۋام قىلغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ» دەپ ئىپادىلەيدىغان تىل ئادىتى ۋە ئىدىيۆمى بويىچە نازىل بولغان. ئەرەبلەر بۇ خىل ئىبارە بىلەن شۇ نەرسىنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغانلىقىنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ ئىبارە ۋە ئىدىيۆم قۇرئان كەرىمدە ئىشلىتىلدى، دېمەك كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ نۇقتا قۇرئان كەرىمدە ﴿خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا﴾ ﴿ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ﴾ دېگەن ئىبارە بىلەن بىر نەچچە جايدا بايان قىلىنغان. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى: بۇ ئايەتتىكى ئاسمان - زېمىن تۈرى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، مۇتلەق ئاسمان - زېمىننى كۆرسىتىدۇ، يەنى دۇنيادىكى ئاسمان-زېمىن يوقىلىدۇ، لېكىن ئاخىرەتتە باشقا ئاسمان ۋە باشقا زېمىن بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ئۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ﴾. (سۈرە ئىبراھىم 48-ئايەت) ئاخىرەتتىكى ئاسمان ۋە زېمىن، جەننەت ۋە دوزاختەك مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ئايەتتە دۇنيادىكى يوقىلىدىغان ئاسمان-زېمىن ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتىكى ئاسمان-زېمىن كۆزدە تۇتۇلغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ قايسىبىرىنى ئالساق، مەسىلە ھەل بولىدۇ، مەزكۇر خاتا چۈشەنچە يوقىلىدۇ. ئىمام شەۋكانى بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەچچە ئۇقۇمنى فەتھۇلقەدىردە بايان قىلغان.

إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَۚ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٠٧﴾ ۞ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ
سُعِدُواْ فَفِى ٱلْجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ إِلَّا
مَا شَآءَ رَبُّكَۖ عَطَآءً غَيْرَ مَجْذُوذٍ ﴿١٠٨﴾

***ئۇلار دوزاختا داۋاملىق تۇرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ خالىغان كىشىلەر (يەنى مۆئمىنلەردىن بولغان گۇناھكارلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا①. (ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭ خالىغىنىنى***

*قىلغۇچىدۇر [107]. سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتتە بولىدۇ، ئاسمانلار بىلەن زېمىن مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار جەننەتتە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ خالىغان كىشىلەر (يەنى مۇئمىنلەردىن بولغان گۇناھكارلارنىڭ دوزاختا قالغان مۇددىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا②. (بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر③ [108].*

① بۇ يەردىكى ئىستىسنا يەنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن دوزاختىن چىقىدىغانلار ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا بىر نەچچە خىل قاراش مەۋجۇت، ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئاللاھ تائالانى بىر ۋە بار دەپ ئېتىقاد قىلغان ئىمانى بار كىشىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئالدىنقى ئايەتتىكى «بەختسىزلەر» ئومۇمىي سۆز بولۇپ، كاپىرلارنىمۇ ۋە گۇناھكارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ﴿إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَ﴾تىكى "ما" "مَنْ" مەنىسىدە دەپ ئېلىنىدۇ، يەنى ﴿پەرۋەردىگارىڭ خالىغان كىشىلەرلا﴾ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ دېگەن بولىدۇ، كاپىرلاردىن گۇناھكار مۇئمىنلەر مۇستەسنا بولىدۇ.

② بۇ يەردىكى ئىستىسنا ھەم مۇئمىنلەر ئىچىدىكى گۇناھكارلار ئۈچۈندۇر، يەنى بۇ گۇناھكار مۇئمىنلەر، باشقا جەننەتىيلەر بىلەن بىرگە، باشتا جەننەتكە كىرمەيدۇ، بەلكى دەسلەپتە مەلۇم مۇددەت جەھەننەمدە تۇرىدۇ، كېيىن پەيغەمبەرلەر ۋە مۇئمىنلەرنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدۇ-دە، جەھەننەمدىن چىقىرىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان مەسىلىدۇر.

③ ﴿غَيْرَ مَجْذُوذٍ﴾ توگىمەيدىغان، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان نېمەتلەر دېگەن مەنىدە. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، دوزاختىن چىقىرىلىپ، جەننەتكە كىرگەن كىشى ئۇنىڭدا ۋاقىتلىق ئەمەس بەلكى مەڭگۈ قالىدۇ. جەننەتكە داخىل بولغان بارلىق مۇئمىنلەر داۋاملىق ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىنئاملاردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن ئىنئاملار ۋە نېمەتلەر ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

فَلَا تَكُ فِي مِرْيَةٍ مِّمَّا يَعْبُدُ هَٰٓؤُلَآءِ ۚ مَا يَعْبُدُونَ إِلَّا كَمَا يَعْبُدُ

ءَابَآؤُهُم مِّن قَبۡلُۚ وَإِنَّا لَمُوَفُّوهُمۡ نَصِيبَهُمۡ غَيۡرَ مَنقُوصٖ ﴿١٠٩﴾ وَلَقَدۡ
ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ فَٱخۡتُلِفَ فِيهِۚ وَلَوۡلَا كَلِمَةٞ سَبَقَتۡ مِن
رَّبِّكَ لَقُضِيَ بَيۡنَهُمۡۚ وَإِنَّهُمۡ لَفِي شَكّٖ مِّنۡهُ مُرِيبٖ ﴿١١٠﴾ وَإِنَّ كُلّٗا لَّمَّا
لَيُوَفِّيَنَّهُمۡ رَبُّكَ أَعۡمَٰلَهُمۡۚ إِنَّهُۥ بِمَا يَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿١١١﴾ فَٱسۡتَقِمۡ
كَمَآ أُمِرۡتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلَا تَطۡغَوۡاْۚ إِنَّهُۥ بِمَا تَعۡمَلُونَ
بَصِيرٞ ﴿١١٢﴾

شۇڭا (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ (باتىللىقىدىن) قەتئىي شەكلەنمىگىن، ئۇلار پەقەت ئىلگىرى ئاتا - بوۋىلىرى (دەلىل - پاكىتسىز) چوقۇنغانغا ئوخشاشلا چوقۇنىدۇ. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ (ئازابتىن) تېگىشلىك بولغان نېسىۋىسىنى ئەلۋەتتە كېمەيتمەستىن تولۇق بېرىمىز① [109]. شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات)نى بەردۇق، ئاندىن ئۇنىڭدىمۇ ئىختىلاپ قىلىندى② (يەنى ئۇنىڭ قەۋمى بۇ كىتاب ئۈستىدە ئىككى پىرقە بولدى). پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى جازالاشنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى) ئالدىن ئېيتىلغان سۆزى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇشۇ دۇنيادىلا ياخشىغا ياخشىچە، يامانغا يامانچە) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى③. شەكسىزكى، ئۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار) ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئاندىن) چوڭقۇر شەك ئىچىدىدۇر [110]. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ھەممە ئادەمگە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپات - جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر [111]. ئۇنداقتا سەن (ئى پەيغەمبەر!) بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) بەرقارار (راۋۇرۇس) بولغىن، سەن بىلەن بىرلىكتە تەۋبە قىلغانلارمۇ (شۇنداق بولسۇن). (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار④. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [112].

① بۇ يەردىكى «نېسىۋە» ئۇلار لايىق بولغان ئازابنى كۆرسىتىدۇ، بۇ

ئازاب ھەرگىز كېمەيتىلمەيدۇ.

② يەنى بۇ كىتابقا ئىمان ئېيتقانلارمۇ بولىدى ۋە كاپىر بولغانلارمۇ بولىدى. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلىۋاتىدۇ، ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق پوزىتسىيىگە ئۇچراپ كەلگەن، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارغا ئىمان ئېيتقان، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارنى ئىنكار قىلغان. شۇڭا، سەن ئۇلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلىشىدىن بىئارام بولمىغىن.

③ بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابىنى ئۇلاردىن كېچىكتۈرۈشكە ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويغان ۋاقتى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى دەرھال ھالاك قىلىپ تاشلايتتى.

④ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇئمىنلەرنى بىرىنچىدىن: توغرا يولدا ئىزچىل ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. چۈنكى بۇ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان قورالدۇر. ئىككىنچىدىن: ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەددىدىن ئېشىشتىن توسۇۋاتىدۇ. چۈنكى چەكتىن ئاشماسلىق مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىي قىممىتى ۋە بۇرچى ھېسابلىنىدۇ، چەكتىن ئېشىپ كېتىش ھەتتا دۈشمەن بىلەن مۇئامىلە قىلغان ۋاقىتتىمۇ جايىز بولمايدۇ.

وَلَا تَرْكَنُوٓاْ إِلَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ فَتَمَسَّكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ
ٱللَّهِ مِنْ أَوْلِيَآءَ ثُمَّ لَا تُنصَرُونَ ﴿١١٣﴾ وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ طَرَفَيِ ٱلنَّهَارِ
وَزُلَفًا مِّنَ ٱلَّيْلِۚ إِنَّ ٱلْحَسَنَٰتِ يُذْهِبْنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ ذَٰلِكَ ذِكْرَىٰ
لِلذَّٰكِرِينَ ﴿١١٤﴾ وَٱصْبِرْ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١١٥﴾

*زالىملارغا مايىل بولماڭلار، بولمىسا دوزاخ ئوتى سىلەرنى كۆيدۈرىدۇ. سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ياردەمچىلەر بولمايدۇ①، ئاندىن سىلەر ھېچبىر ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر [113]. كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن②. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار*

***ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ③. بۇ ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن بىر نەسىھەتتۇر [114]. (ئى پەيغەمبەر! نامازنى داۋاملاشتۇرۇشتا) چىداملىق بولغىن، شەكسىزكى، ئاللاھ (تائەت - ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ [115].***

① دېمەك زالىملارغا يۇمشاقلىق ۋە خۇشامەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلىمەڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ باشقا ئىشلىرىنىمۇ ياقتۇرۇپ قالغاندەك تەسىر بېرىپ قويىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن گۇناھقا قەدەم قويغان ھېسابلىنىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە جەھەننەمگە لايىق بولۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. بۇنىڭدىن زالىم ھۆكۈمران بىلەن ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى چىقىدۇ. پەقەت ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتى ياكى دىنىي مەنپەئەت تەقەززا قىلغان سەۋەبتىن، دىلدا نارازى بولغان ھالدا ئۇلار بىلەن ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت ئورناتسا جايىز بولىدۇ. بۇ نۇقتا سەھىھ ھەدىسلەردە ئۇچۇق بايان قىلىنغان.

② 《كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە》 دېگەندىن بەزى مۇپەسسىرلەر ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر خۇپتەن نامىزى بىلەن شام نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئىسرا كېچىسى بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى نازىل بولغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر. چۈنكى بەش ۋاخ ناماز پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان ئىككى ۋاخ ناماز پەرز ئىدى. كېچىدە ناماز ئوقۇشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇممىتىگە ۋاجىب ئىدى. كېيىن ئۇممىتىدىن ساقىت قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاجىپ قىلىنغان پېتى بىر مەزگىل قالدى. ئاندىن بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ دەلىللىرىگە قارىغاندا ئۇنىڭ ۋاجىبلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ ساقىت قىلىندى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

③ ھەدىسلەردىمۇ بۇ نۇقتا ئېنىق بايان قىلىنغان. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر ئىنسان چوڭ گۇناھلارنى قىلمىغانلا بولسا، بەش ۋاخ ناماز بىر نامازدىن يەنە بىر نامازغىچە، جۈمە نامىزى بىر جۈمەدىن يەنە بىر جۈمەگىچە، رامىزاننىڭ روزىسى، بىر رامىزاندىن يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆتكۈزۈلگەن

گۇناھلارنى يۇيىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 233-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سۈيى لىق ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بولسا، ئۇ ئادەم ھەركۈنى بەش قېتىم ئۆستەڭدە يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىردىن ئەسەر قالامدۇ؟» ساھابىلار: «ياق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەش ۋاخ نامازمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ نامازلار بىلەن گۇناھلارنى ۋە خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 528-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 667-ھەدىس)

فَلَوْلَا كَانَ مِنَ ٱلْقُرُونِ مِن قَبْلِكُمْ أُوْلُوا۟ بَقِيَّةٍ يَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْفَسَادِ فِى ٱلْأَرْضِ إِلَّا قَلِيلًا مِّمَّنْ أَنجَيْنَا مِنْهُمْ ۗ وَٱتَّبَعَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مَآ أُتْرِفُوا۟ فِيهِ وَكَانُوا۟ مُجْرِمِينَ ﴿١١٦﴾ وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ ٱلْقُرَىٰ بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ ﴿١١٧﴾ وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ لَجَعَلَ ٱلنَّاسَ أُمَّةً وَٰحِدَةً ۖ وَلَا يَزَالُونَ مُخْتَلِفِينَ ﴿١١٨﴾ إِلَّا مَن رَّحِمَ رَبُّكَ ۚ وَلِذَٰلِكَ خَلَقَهُمْ ۗ وَتَمَّتْ كَلِمَةُ رَبِّكَ لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجْمَعِينَ ﴿١١٩﴾

***سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (ئىنسانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەر بولمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (بۇزغۇنچىلىقنى توسقانلىقى ئۈچۈن) بىز نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەن ئازغىنە كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا①. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىپ كەتتى، ئۇلار گۇناھكار ئادەملەر ئىدى② [116]. پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى (ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى) ئىسلاھ قىلغۇچى بولۇپ تۇرغان يۇرتلارنى ئورۇنسىز ۋەيران قىلىۋەتمەيدۇ [117]. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە (ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغان) بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار داۋاملىق (دىن توغرىسىدا)***

**ئىختىلاپ قىلىشىدۇ (يەنى ھەر خىل دىنلاردا بولىدۇ)، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتى③. پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن چوقۇم دوزاخنى پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار )نىڭ گۇناھكارلىرى) بىلەن توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى بېكىتىلىپ بولدى④ [118 - 119].**

① يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا يامانلار ۋە بۇزغۇنچىلارنى يامانلىقتىن ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن توسىدىغان ئىسلاھ قىلغۇچىلار نېمىشقا بولمىدى؟ ئاندىن مۇستەسنا قىلىنىپ دېيىلدىكى، شۇنداق كىشىلەر بولدى، ئەمما ناھايىتى ئاز بولدى. بىز باشقىلارغا ئازاب ئەۋەتىپ ھالاك قىلغان چاغدا، ئۇلارغا نىجاتلىق ئاتا قىلدۇق.

② يەنى بۇ زالىملار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، گۇمراھلىقلىرىدا مەستخۇش بولۇپ كەتكەندە، ئۇلارغا ئازاب كەلدى.

③ ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتى﴾دىكى كۆرستىش ئالماشنى بەزى مۇپەسسىرلەر دىن توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىشقا قارىتىلغان دەپ ئالسا، بەزىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە قارىتىلغان دەپ ئالىدۇ. يەنە بەزىلەر ھەر ئىككىسىگە قارىتىلغان دەپ ئېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ رەھمەت ئەھلىنى، رەھمىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن؛ ئىختىلاپ ئەھلىنى ئىختىلاپ قىلىشى ئۈچۈن ياراتتى، دېمەك ئاللاھ تائالا بىر پىرقىنىڭ جەننەتكە، يەنە بىر پىرقىنىڭ دوزاخقا كىرىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەر خىل تەبىئەتتە ياراتتى. («تەپسىر ۋەسىت» تەنتاۋى، تەپسىرى زەرىف) ئومۇمەن بۇنىڭدىن مۇنداق ئۇقۇم چىقىدۇ: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى سىناق ئۈچۈن ياراتتى. كىمكى ھەق دىننى تاشلاپ، ئىختىلاپ يولىنى يەنى باشقا دىنلارنى تاللىسا، سىناقتىن ئۆتەلمىگەن بولىدۇ. كىمكى ھەق دىننى چىڭ تۇتسا، سىناقتىن ئۆتكەن ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولغان بولىدۇ.

④ يەنى تەقدىردە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جەننەتكە لايىق بولىدىغانلىقى ۋە يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دوزاخقا لايىق بولىدىغانلىقى، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن توشقۇزۇلىدىغانلىقى پۈتۈلگەن. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«جەننەت بىلەن دوزاخ مۇنازىرىلىشىپ قالدى. جەننەت: ماڭا پەقەت ئاجىز ۋە بىچارە ئىنسانلار كىرىدۇ، دېدى. دوزاخ: ماڭا تەكەببۇر ۋە زالىم ئادەملەر كىرىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا جەننەتكە: سەن مېنىڭ رەھمىتىم، سەن بىلەن ئۆزۈم خالىغان كىشىگە مەرھەمەت قىلىمەن، دېدى. دوزاخقا: سەن مېنىڭ ئازابىم، سەن بىلەن ئۆزۈم خالىغان كىشىدىن ئىنتىقام ئالىمەن. ھەر ئىككىڭلار توشقۇزۇلىسىلەر، دېدى. جەننەتكە كەلسەك، ئۇنىڭدا ھەرقاچان ئارتۇق جاي بولىدۇ. تاكى ئاللاھ تائالا جەننەت ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارتۇق يېرىدە ئولتۇراقلىشىدىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ. دوزاخقا كەلسەك، ئۇنىڭغا كىرگەنلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇ ھەمىشە: يەنە بارمۇ؟ دەپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قەدىمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوزاخ: سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بولدى، بولدى! تولۇپ كەتتىم! دەيدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4850-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2848-ھەدىس)

وَكُلًّا نَّقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِۦ فُؤَادَكَ ۚ وَجَآءَكَ
فِى هَٰذِهِ ٱلْحَقُّ وَمَوْعِظَةٌ وَذِكْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٢٠﴾ وَقُل لِّلَّذِينَ لَا
يُؤْمِنُونَ ٱعْمَلُوا۟ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمْ إِنَّا عَٰمِلُونَ ﴿١٢١﴾ وَٱنتَظِرُوٓا۟ إِنَّا
مُنتَظِرُونَ ﴿١٢٢﴾ وَلِلَّهِ غَيْبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَإِلَيْهِ يُرْجَعُ ٱلْأَمْرُ
كُلُّهُۥ فَٱعْبُدْهُ وَتَوَكَّلْ عَلَيْهِ ۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٢٣﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) پەيغەمبەرلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى تىنچلاندۇرىدىغان ھەربىر خەۋەرنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز، بۇنىڭدا (بۇ سۈرىدە) ساڭا ھەقىقەت، مۆئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت ۋە بىر ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى [120]. ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىڭلار، بىزمۇ (ئۆز يولىمىز بويىچە) ئىش قىلماقتىمىز [121]. سىلەر (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز»① [122]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيب (نى بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر ۋە ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، شۇڭا سەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلغىن*

***(يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن). پەرۋەردىگارىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر [123].***

① يەنى ياخشى ئاقىۋەتنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقى پات يېقىندا سىلەرگە مەلۇم بولىدۇ. يەنە سىلەرگە زالىملارنىڭ نىجات تاپالمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ھەقىقەتتە بۇ ۋەدە تېزلا ئەمەلگە ئاشتى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلامغا كىردى.

# سۈرە يۈسۈف

| (١٢) سورة يوسف مكية ١١١ آية | (12) سۈرە يۈسۈف مەككىدە چۈشكەن 111 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ١ إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيّٗا
لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ٢ نَحۡنُ نَقُصُّ عَلَيۡكَ أَحۡسَنَ ٱلۡقَصَصِ بِمَآ
أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ وَإِن كُنتَ مِن قَبۡلِهِۦ لَمِنَ
ٱلۡغَٰفِلِينَ ٣ إِذۡ قَالَ يُوسُفُ لِأَبِيهِ يَٰٓأَبَتِ إِنِّي رَأَيۡتُ أَحَدَ عَشَرَ
كَوۡكَبٗا وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ رَأَيۡتُهُمۡ لِي سَٰجِدِينَ ٤

***ئەلىف، لام، را. بۇلار روشەن كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر [1]. شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق① [2]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيي قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ئېسىل قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز②، ئەلۋەتتە سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى (بۇ قىسسىدىن) خەۋەرسىز قالغانلاردىن ئىدىڭ③ [3]. ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈف④ ئاتىسىغا: «ئى ئاتا! مەن ھەقىقەتەن (چۈشۈمدە) 11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ⑤ ماڭا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېدى [4].***

① ساماۋى كىتابلارنىڭ چۈشۈرۈلۈشىدىكى مەقسەت كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە رەھبەرلىك قىلىشتۇر. بۇ مەقسەت پەقەت ئۇ كىتاب شۇ كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان تىلدا بولغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا ھەربىر ساماۋى كىتاب توغرا يولغا يېتەكلەش نىشان قىلىنغان قەۋمنىڭ تىلىدا چۈشۈرۈلگەن ئىدى. قۇرئان كەرىم دەسلەپتە خىتاب قىلىنغان قەۋم ئەرەبلەر بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئانمۇ ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلدى. ئەرەب تىلى دۇنيادىكى ئەڭ پاساھەتلىك، ئەڭ راۋان، سۆزلۈككە ئەڭ باي، مەقسەتنى ئىپادىلەشتە ئەڭ كۈچلۈك بولغان مۆجىزىلىك بىر تىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئەڭ شەرەپلىك كىتاب قۇرئاننى، ئەڭ شەرەپلىك تىل (ئەرەب تىلى) بىلەن ئەڭ شەرەپلىك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ شەرەپلىك پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق نازىل قىلدى. قۇرئان كەرىم يەر يۈزىدىكى ئەڭ شەرەپلىك شەھەر مەككە مۇكەررەمەدە، يەنە يىللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىك ئاي رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىدى.

② ئەرەب تىلىدا " قَصَصٌ " دېگەن سۆز تومۇرى بولۇپ، مەنىسى بىر نەرسىنىڭ كەينىدىن ماڭماق، ئىزىغا چۈشمەك، ئەگەشمەك. بۇ ئايەتتىكى مەنىسى ۋەقەلىكى قىزىقارلىق قىسسە دېمەكتۇر. نوقۇل ھېكايە، پوۋېست، ئەپسانە ياكى توقۇلما چۆچەك قىسسە دەپ ئاتالمايدۇ، بەلكى ئىلگىرى ئۆتكەن ۋەقەنىڭ بايانى (يەنى ۋەقەنىڭ ئىزىغا چۈشۈش، كۆزىتىش ۋە تەقىبلەش) قىسسە دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك قىسسە ئىلگىرىكىلەرنىڭ راست بولغان ۋەقەلىرىنىڭ بايانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋەقەدە ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ئاقىۋىتى، ئىلاھىي ئىرادەمنىڭ كېلىش جەريانى، يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپسىنىڭ ۋەسۋەسىلىرى، تەنتەكلىكنىڭ نەتىجىسى، ئىبرەتلىك ساۋاقلار ۋە ئىنسان دۇچ كېلىدىغان ۋەقە-ھادىسىلەر جەلپ قىلارلىق شەكىلدە بايان قىلىنغان. شۇڭا قۇرئان كەرىم بۇ ۋەقەنى ﴿أَحْسَنَ الْقَصَصِ﴾ «ئەڭ ئېسىل قىسسە» دەپ ئاتىدى.

③ قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئىبارىلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلگۈچى ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدى، ئۇنداق بولمىغاندا ئاللاھ تائالا ئۇنى ﴿خەۋەرسىز قالغانلاردىن ئىدىڭ﴾ دېمىگەن بولاتتى. ئىككىنچىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ راستچىل بەرھەق پەيغەمبىرى بولغاچقا، ئۇنىڭغا بۇ راست بولغان ۋەقە ۋەھيي ئارقىلىق بايان قىلىندى. ئۇ بىراۋنىڭ شاگىرتى ۋە ئوقۇغۇچىسى ئەمەس ئىدى، نە

بىر ئۇستازدىن تەلىم ئالغان ئەمەس، نە بىر كىمدىن ئاڭلىغۇچىلىق قىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرنى بۇ قەدەر تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدىغان بىرەر كىشى بىلەن ئالاقىسى بولغانمۇ ئەمەس. شەكسىزكى، بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر ۋەقەنى ۋەھيي ئارقىلىق پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

④ يەنى ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بەرگىن. ئۇ ۋاقىتتا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇنىڭ نەسەبى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۆزى، ئاتىسى، بوۋىسى، بوۋىسىنىڭ دادىسىمۇ ئالىيجاناب كىشىلەردۇر يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر.» (مۇسنەدى ئەھمەد، 2-توم، 96-بەت)

⑤ بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: 11 يۇلتۇز يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ 11 قېرىندىشىنى ۋە كۈن بىلەن ئاي بولسا، ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چۈش 40 يىلدىن كېيىن ئەمەلىيەتتە يۈز بەردى. ئۇ چۈش كۆرۈپ 40 يىل بولغاندا ياكى قىرىقنچى يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن قېرىنداشلىرى مىسىرغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن تازىم قىلغاندا ئەمەلگە ئاشتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ.

قَالَ يَٰبُنَيَّ لَا تَقْصُصْ رُءْيَاكَ عَلَىٰٓ إِخْوَتِكَ فَيَكِيدُوا۟ لَكَ كَيْدًا ۖ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ لِلْإِنسَٰنِ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٥﴾ وَكَذَٰلِكَ يَجْتَبِيكَ رَبُّكَ وَيُعَلِّمُكَ مِن تَأْوِيلِ ٱلْأَحَادِيثِ وَيُتِمُّ نِعْمَتَهُۥ عَلَيْكَ وَعَلَىٰٓ ءَالِ يَعْقُوبَ كَمَآ أَتَمَّهَا عَلَىٰٓ أَبَوَيْكَ مِن قَبْلُ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْحَٰقَ ۚ إِنَّ رَبَّكَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٦﴾

*ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام): «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى*

*قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ قويمىسۇن① ، چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر② [5]. شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا بۇ چۈشنى كۆرسەتكىنىدەك) پەرۋەردىگارىڭ سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، ساڭا چۈشلەرنىڭ تەبىرىنى ئۆگىتىدۇ③ ، ئىلگىرى ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا (پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىپ) نېمىتىنى تاماملىغىنىغا ئوخشاش، ساڭىمۇ④ ۋە يەئقۇب ئائىلىسىگىمۇ⑤ (پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىش بىلەن) نېمىتىنى تاماملايدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئۆز مەرھەمىتىگە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېدى [6].*

① يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلىنىڭ كۆرگەن چۈشىدىن كەلگۈسىدە ئۇنىڭ كاتتا ئەرباب بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. شۇڭا يەئقۇب ئەلەيھىسسالام، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىغا بۇ چۈشنى سۆزلەپ بەرسە، قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى. شۇڭا ئۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى چۈشنى قېرىنداشلىرىغا سۆزلەپ بېرىشتىن چەكلىدى.

② بۇ يەردە قېرىنداشلىرىنىڭ سۇيىقەست قىلىش سەۋەبكارى شەيتان ئىكەنلىكى بايان قىلىندى، چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ئەزەلدىن دۈشمەندۇر. ئۇ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ، گۇمراھلىققا باشلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەسەتخورلۇق ۋە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ. بۇ شەيتانغا ئەڭ ياخشى پۇرسەت كەلگەن ۋاقىت ئىدى، شۇڭا ئۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا قارشى قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىگە ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك ئوتىنى ياقتى. نەتىجىدە ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەندىشىسى توغرا بولۇپ چىقتى.

③ يەنى رەببىڭ ساڭا ئۇلۇغ چۈش كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، ساڭا يۈكسەكلىك ئاتا قىلىدۇ، سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ، ساڭا چۈشلەرگە تەبىر بېرىشنى ئۆگىتىدۇ. ﴿تَأْوِيلِ الْأَحَادِيثِ﴾نىڭ ئەسلي مەنىسى سۆز-ئىبارىلەرنىڭ تېگىگە يېتىش، چوڭقۇر مەنىلىرىنى بىلىش دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردە چۈشلەرنىڭ تەبىرى دېگەن مەنىدە كەلگەن.

④ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان «نېمەت» بولسا پەيغەمبەرلىك ياكى مىسىردا ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەردىن ئىبارەت.

⑤ «يەئقۇب ئائىلىسى» دېگەندە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەنى كېيىنكى دەۋردە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئاللاھنىڭ ئىنئامىغا لايىق بولغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

۞ لَّقَدۡ كَانَ فِي يُوسُفَ وَإِخۡوَتِهِۦٓ ءَايَٰتٞ لِّلسَّآئِلِينَ ٧ إِذۡ قَالُواْ
لَيُوسُفُ وَأَخُوهُ أَحَبُّ إِلَىٰٓ أَبِينَا مِنَّا وَنَحۡنُ عُصۡبَةٌ إِنَّ أَبَانَا لَفِي
ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ٨ ٱقۡتُلُواْ يُوسُفَ أَوِ ٱطۡرَحُوهُ أَرۡضٗا يَخۡلُ لَكُمۡ وَجۡهُ
أَبِيكُمۡ وَتَكُونُواْ مِنۢ بَعۡدِهِۦ قَوۡمٗا صَٰلِحِينَ ٩ قَالَ قَآئِلٞ مِّنۡهُمۡ
لَا تَقۡتُلُواْ يُوسُفَ وَأَلۡقُوهُ فِي غَيَٰبَتِ ٱلۡجُبِّ يَلۡتَقِطۡهُ بَعۡضُ ٱلسَّيَّارَةِ
إِن كُنتُمۡ فَٰعِلِينَ ١٠

يۇسۇفنىڭ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ (قىسسىسىدە) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئالامەتلەر بار① [7]. ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى: «يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى② (يەنى بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، ھالبۇكى، بىز (كۈچلۈك) بىر توپ جامائەدۇرمىز③، ئېنىقكى، ئاتىمىز ئەلۋەتتە روشەن خاتالىق ئىچىدىدۇر» دېيىشتى④ [8]. (ئۇلار ئۆز ئارىسىدا) «يۇسۇفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ياكى ئۇنى يىراق (نامەلۇم) بىر جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگىلا قالىدۇ، بۇ (گۇناھ) تىن كېيىن (تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىسىلەر» (دېيىشتى)⑤ [9]. ئۇلاردىن بىرى: «يۇسۇفنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇنى قۇدۇقنىڭ تېگىگە تاشلىۋېتىڭلار⑥، ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن بەزىسى تېپىۋالسۇن، ئەگەر (ئۇنى ئاتىمىزدىن يىراق) قىلماقچى بولساڭلار، مۇشۇنداق قىلىڭلار» دېدى⑦ [10].

① يەنى بۇ قىسسىدە ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈك قۇدرىتى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ روشەن بەلگىلىرى بار. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنىمۇ بايان قىلىدۇ.

② «ئۇنىڭ قېرىندىشى» بىنيامىننى كۆرسىتىدۇ. (يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن بىنيامىن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىدى)

③ يەنى بىز ئون قېرىنداش، سانى كۆپ، كۈچلۈك جامائە تۇرساق (بۇ ئون قېرىنداشنىڭ ئانىلىرى باشقا ئىدى)، يۇسۇف ۋە بىنيامىن ئاران ئىككى تۇرسىمۇ، ئاتىمىز ئۇلارنى ئارتۇق كۆرۈپ، كۆز قارچۇغى ۋە يۈرەك پارىسى دەپ بىلىدۇ.

④ بۇ يەردىكى «روشەن خاتالىق» دېگەندىن ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ئاتىسىدىن سادىر بولغان يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى بىنيامىننى زىيادە ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت خاتالىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ يەنى تەۋبە قىلىۋېتىسىلەر، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاللاھتىن بۇ گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەيسىلەر.

⑥ ﴿الْجُبِّ﴾ قۇدۇقنى. ﴿غَيَبَتِ﴾ ئۇنىڭ تېگىنى، ئاستىنى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. قۇدۇق ئادەتتە چوڭقۇر بولىدۇ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ كەتكەن نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە ﴿ئۇنى قۇدۇقنىڭ تېگىگە تاشلىۋېتىڭلار﴾ دېگەن ئىبارە بىر خىل مۇبالىغە تۈسىنى ئالغان.

⑦ ئۇنى بۇ تەرەپكە كېلىپ-كېتىپ تۇرغان يولۇچىلار سۇ ئىزدەپ قۇدۇق بېشىغا كەلگەندە، قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم بارلىقىنى سېزىپ قالسا، بەلكىم ئۇنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەر. بۇ پىكىرنى قېرىنداشلىرىدىن بىرى رەھىم-شەپقەت يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قارىغاندا قۇدۇققا تاشلىۋېتىش ھەقىقەتەن رەھىم-شەپقەت قىلغانلىق بولاتتى. قېرىنداشلىرىنىڭ ھەسەت ئوتلىرى شۇ قەدەر كۈچىيىپ كەتكەن ئىدىكى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ بۇ پىكىرنى قورقۇپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويدى ۋە قوشۇمچە: «ئەگەر بۇ ئىشنى قىلماقچى بولساڭلار، مۇشۇ تەرىقىدە قىلىڭلار» دېدى.

قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا مَا لَكَ لَا تَأۡمَ۬نَّا عَلَىٰ يُوسُفَ وَإِنَّا لَهُۥ لَنَٰصِحُونَ ﴿١١﴾
أَرۡسِلۡهُ مَعَنَا غَدٗا يَرۡتَعۡ وَيَلۡعَبۡ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ﴿١٢﴾ قَالَ إِنِّي
لَيَحۡزُنُنِيٓ أَن تَذۡهَبُواْ بِهِۦ وَأَخَافُ أَن يَأۡكُلَهُ ٱلذِّئۡبُ وَأَنتُمۡ عَنۡهُ
غَٰفِلُونَ ﴿١٣﴾ قَالُواْ لَئِنۡ أَكَلَهُ ٱلذِّئۡبُ وَنَحۡنُ عُصۡبَةٌ إِنَّآ إِذٗا
لَّخَٰسِرُونَ ﴿١٤﴾

***ئۇلار ئېيتتى: «ئى ئاتىمىز! نېمىشقا يۇسۇف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا راستتىنلا خەيرخاھ كىشىلەرمىز① [11]. ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ كەلسۇن②، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز» [12]. يەئقۇب: «سىلەر ئۇنى (يەنى يۇسۇفنى) ئېلىپ كەتسەڭلار، مەن راستتىنلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى [13]. ئۇلار: «بىز (كۈچلۈك) بىر توپ جامائە تۇرۇپ، ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە، زىيان تارتقۇچى (يارامسىز) لاردىن بولۇپ قالىمىز»③ دېدى [14].***

① بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىلگىرىمۇ ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى سىرتقا بىللە ئېلىپ چىقىشقا تىرىشقان، ئاتىسى بۇنىڭغا قوشۇلمىغاندەك تۇرىدۇ.

② ئويۇن ۋە كۈڭۈل ئېچىش ئىنسان تەبىئىتىدە ئەزەلدىن بار. شۇڭا جايىز بولغان ئويۇن ۋە كۈڭۈل ئېچىشقا ئاللاھ تائالا ھېچ بىر دەۋردە چەكلىمە قويمىغان. ئىسلامدىمۇ بۇ ئىش جايىز ئەمما شەرتى بار، يەنى شەرئەتتە چەكلەنگەن بولماسلىق ياكى ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستە بولماسلىق شەرتى بىلەن جايىزدۇر. شۇڭا يەئقۇب ئەلەيھىسسالاممۇ ئويناپ كېلىشكە قارىتا ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمىدى، ئەمما سىلەر ئويۇن بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، يۇسۇفنى بۆرە يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن دەپ ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئىزھار قىلدى. چۈنكى ئۇلار ئوينايدىغان تۈزلەڭلىكلەر ۋە سەھرالارغا كۆپ چاغلاردا بۆرە كېلىپ تۇراتتى.

③ ئۇلار ئاتىسىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن: بىز بىر توپ قېرىنداشلار بىللە تۇرساق، ئۇنى قانداقمۇ بۆرە يەپ كېتەلىسۇن؟ دېيىشتى.

فَلَمَّا ذَهَبُواْ بِهِۦ وَأَجۡمَعُوٓاْ أَن يَجۡعَلُوهُ فِي غَيَٰبَتِ ٱلۡجُبِّۚ وَأَوۡحَيۡنَآ
إِلَيۡهِ لَتُنَبِّئَنَّهُم بِأَمۡرِهِمۡ هَٰذَا وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿١٥﴾ وَجَآءُوٓ أَبَاهُمۡ
عِشَآءٗ يَبۡكُونَ ﴿١٦﴾ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَآ إِنَّا ذَهَبۡنَا نَسۡتَبِقُ وَتَرَكۡنَا يُوسُفَ
عِندَ مَتَٰعِنَا فَأَكَلَهُ ٱلذِّئۡبُۖ وَمَآ أَنتَ بِمُؤۡمِنٖ لَّنَا وَلَوۡ كُنَّا
صَٰدِقِينَ ﴿١٧﴾ وَجَآءُو عَلَىٰ قَمِيصِهِۦ بِدَمٖ كَذِبٖۚ قَالَ بَلۡ سَوَّلَتۡ
لَكُمۡ أَنفُسُكُمۡ أَمۡرٗاۖ فَصَبۡرٞ جَمِيلٞۖ وَٱللَّهُ ٱلۡمُسۡتَعَانُ عَلَىٰ مَا
تَصِفُونَ ﴿١٨﴾

*(قېرىنداشلىرى) ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنى قۇدۇقنىڭ تېگىگە تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان (ئاندىن يۈسۈفكە قىلىدىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىغان) چاغدا، بىز يۈسۈفكە: «سەن چوقۇم (كەلگۈسىدە) ئۇلارغا بۇ ئىشنى ئۇلار (سېنىڭ يۈسۈف ئىكەنلىكىڭنى) ئۇقمايدىغان بىر پەيتتە (بىر - بىرلەپ) ئېيتىپ بېرىسەن» دەپ ۋەھيي قىلدۇق① [15]. ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى [16]. ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! يۈسۈفنى نەرسە - كېرەكلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قاپتۇق، (ئەپسۇسكى) ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن» دېيىشتى② [17]. ئۇلار يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى③. يەئقۇب: «بەلكى (ئىش سىلەر دېگەندەك ئەمەس)، نەپسىڭلار سىلەرگە قەبىھ بىر قىلمىشنى چىرايلىق كۆرسىتىپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋرە قىلىمەن، سىلەر تەسۋىرلىگەن بۇ ئىشلارغا (سەۋر قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا) ئاللاھ مەدەتكاردۇر» دېدى④ [18].*

① قۇرئان كەرىم بۇ ۋەقەنى ناھايىتى قىسقارتىپ بايان قىلىۋاتىدۇ. دېمەك ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ تۈزۈشكەن پىلانلىرى بويىچە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى چوڭقۇر قۇدۇقنىڭ تېگىگە تاشلىۋەتكەن چاغدا، ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق ۋەھيي قىلدى، يەنى ئى يۇسۇف! سەن دۇچ كەلگەن بۇ ئىشلاردىن قايغۇرما، ساڭا بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى بىر چارىسى تېپىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا قارشى ساڭا ياردەم بېرىدۇ. سېنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۈرىدۇ. مەرتىۋەڭنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. كەلگۈسىدە ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا ياردەم سوراپ كېلىدۇ، سەن ئۇلارغا: سىلەر ئىلگىرى بىر قېرىندىشىڭلارغا شەپقەتسىزلىك قىلغان ئىكەنسىلەر، دەپ قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىسەن. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالىدۇ ھەم پۇشايمان قىلىدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا كىچىك بولسىمۇ، كەلگۈسىدە پەيغەمبەر بولىدىغان بولغاچقا، كىچىكىدىلا ۋەھيي كېلىشكە باشلىغان. ئۆز ۋاقتىدا ئىيسا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاملارغىمۇ كىچىكىدە ۋەھيي كەلگەن ئىدى.

② يەنى ئەگەر بىز سېنىڭچە راستچىللاردىن بولغان بولساقمۇ، يۇسۇفنىڭ ئىشىدا سەن بىزگە ئىشەنمەيتتىڭ، ھازىر بىز گۇماندار ئورۇندا بولغاچقا، بىزنىڭ سۆزىمىزگە ئەلۋەتتە ئىشەنمەيسەن.

③ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار بىر قوزىنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ قېنى بىلەن يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى بويىغان. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىۋېتىشنى ئۇنتۇغان. ئەگەر يۇسۇفنى بۆرە يېگەن بولسا، كۆڭلىكى يىرتىلغان بولاتتى. كۆڭلەكنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام، ئوغلىنىڭ كۆرگەن چۈشى ھەم ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك زاكاۋىتى بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، ئىشنىڭ ئۇلار ئېيتقاندەك ئەمەسلىكىنى پەملىدى. كۆڭلەكنىڭ ساقلىقى يۇسۇفنىڭ ساقلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: بۇ ئىش سىلەر بايان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى بۇ سىلەر ئۆزۈڭلار توقۇۋالغان ۋەقەدۇر، مەن سىلەرنىڭ بۇ يالغان سۆزلىرىڭلارغا قارىتا ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيمەن، دېدى. چۈنكى بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغان ئىدى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا سەۋر قىلىشتىن باشقا چارە يوق ۋە ئاللاھتىن باشقا مەدەتكار يوق ئىدى.

④ ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت

چاپلىغاندا، ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ھەقتە قىلغان سۆزىگە جاۋابەن مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ دەيدىغان سۆزۈم يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى دېگەن سۆزگە ئوخشاشتۇر، ئۇمۇ: ﴿مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋرە قىلىمەن، سىلەر تەسۋىرلىگەن بۇ ئىشلارغا (سەۋر قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا) ئاللاھ مەدەتكاردۇر﴾ دەپ، چىرايلىقچە سەۋر قىلغان ئىدى» يەنى ماڭىمۇ سەۋر قىلىشتىن باشقا چارە يوق. (سەھىھۇل بۇخارى 2661-ھەدىس)

وَجَآءَتۡ سَيَّارَةٞ فَأَرۡسَلُواْ وَارِدَهُمۡ فَأَدۡلَىٰ دَلۡوَهُۥۖ قَالَ يَٰبُشۡرَىٰ هَٰذَا
غُلَٰمٞۚ وَأَسَرُّوهُ بِضَٰعَةٗۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِمَا يَعۡمَلُونَ ﴿١٩﴾ وَشَرَوۡهُ بِثَمَنِۭ بَخۡسٖ
دَرَٰهِمَ مَعۡدُودَةٖ وَكَانُواْ فِيهِ مِنَ ٱلزَّٰهِدِينَ ﴿٢٠﴾ وَقَالَ ٱلَّذِي ٱشۡتَرَىٰهُ مِن
مِّصۡرَ لِٱمۡرَأَتِهِۦٓ أَكۡرِمِي مَثۡوَىٰهُ عَسَىٰٓ أَن يَنفَعَنَآ أَوۡ نَتَّخِذَهُۥ وَلَدٗاۚ
وَكَذَٰلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلِنُعَلِّمَهُۥ مِن تَأۡوِيلِ ٱلۡأَحَادِيثِۚ
وَٱللَّهُ غَالِبٌ عَلَىٰٓ أَمۡرِهِۦ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢١﴾

***بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى، ئۇلار سۇچىسىنى (سۇ ئېلىپ كېلىشكە) ئەۋەتتى، ئۇ سوغىسىنى (قۇدۇققا) ساڭگىلاتتى ۋە (يۈسۈفنى كۆرۈپ): «خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا»① دېدى. ئۇلار ئۇنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى② . ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر③ [19]. ئۇلار يۈسۈفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى④ ، ئۇلار يۈسۈفكە قىزىقمىغان ئىدى⑤ [20]. ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا⑥: «ئۇنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقېتىپ قالار ياكى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. شۇنىڭدەك (يەنى يۈسۈفنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك) يۈسۈفنى (ئادالەتلىك ھۆكۈم سۈرۈشى ئۈچۈن) ۋە ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرۈشىمىز ئۈچۈن ئۇ يەرگە (مىسىرغا) يەرلەشتۈردۇق⑦ . ئاللاھ (ئۆزى ئىرادە قىلغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ [21].***

① ﴿وَارِدَ﴾ كارۋاننىڭ ئىچىدىغان سۈيى ۋە چۈشىدىغان جايىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، مۇۋاپىق جاي تېپىلسا، كارۋاننى شۇ يەردە چۈشكۈن قىلدۇرىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىشى (يەنى كارۋاننىڭ سۇچىسى) قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىپ چېلەكنى قۇدۇققا تاشلىۋېدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلدى، سۇچى ئارغامچىنى تارتقاندا بىر چىرايلىق بالىنى كۆردى-دە ئۇنى قۇدۇقتىن چىقاردى، ھەمدە ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى.

② ﴿بِضَاعَةً﴾ تىجارەت مېلىنى بىلدۈرىدۇ. «ئۇنى مەخپىي تۇتۇشتى» دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى كىم؟ يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتقانلار زادى كىم؟ بۇ ھەقتە بىر نەچچە قاراش بار. ھاپىز ئىبنى كەسىر: ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى، دەپ قارايدۇ. دېمەك يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چېلەك بىلەن قۇدۇقتىن چىقىرىلغاندا ئۇلار قۇدۇقنىڭ بېشىدا بار ئىدى. يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئىشىنى مەخپىي تۇتۇشتى يەنى ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى يوشۇردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالاممۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىقىنى يوشۇردى ۋە سېتىلىشىنى ئىختىيار قىلدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى كارۋاننىڭ سۇچىسىغا يۇسۇفنىڭ سېتىلىدىغان بالا ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىمۇ گەپ قىلماي جىم تۇردى. سۇچى ھەمراھلىرىغا: بۇ يەردە بىر بالا سېتىلىدىكەن، دەپ خۇش خەۋەر بەردى. ئەمما بۇ يەردە ۋەقەنىڭ جەريانى بىز ئاز جىپسىلاشمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئىمام شەۋكانى ئۇنى ئەكسىچە بايان قىلىدۇ: «ئۇنى مەخپىي تۇتۇشتى» دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى سۇچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، يەنى ئۇلار بالىنىڭ قۇدۇقتىن چىققانلىقىنى كارۋان ئەھلىدىن مەخپىي تۇتۇشتى، ئەگەر ئاشكارا قىلغان بولسا، ئۇلارمۇ «تىجارەت مېلى» گە شېرىك بولىۋالاتتى. شۇڭا ئۇلار كارۋان ئەھلىگە: قۇدۇقنىڭ ئىگىسى بۇ بالىنى مىسىرغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىڭلار دەپ بىزگە تاپشۇردى، دېدى. ئەڭ توغرىسى شۇكى، كارۋان ئەھلى بالىنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى. ئۇلار بالىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىزدەپ كېلىپ قالسا، بالىنى ئېلىۋالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى. چۈنكى بىر كىچىك بالىنىڭ قۇدۇقتىن تېپىلىشى ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ياشايدىغان بىر ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى ۋە ئويناۋېتىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئېھتىمالغا

يېقىن ئىدى.

③ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلارنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇراتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئىشلارنىڭ مۇشۇ يۇسۇندا داۋاملىشىشىغا يول قويدى، چۈنكى ئۇنىڭ تەقدىرى مۇشۇ يوسۇندا ئەمەلگە ئاشماقچى ئىدى. بۇنىڭدا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈنمۇ تەسەللىي بار، يەنى خۇددى ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە دەۋاتقاندەك، قەۋمىڭ ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزۈۋاتىدۇ، مەن ئۇلارنى توسۇشقا ئەلۋەتتە قادىرمەن. ئۇلارغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىغا مۆھلەت بەرگەندەك مۆھلەت بېرىۋاتىمەن. ئاخىرىدا مەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسىرنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدۇم، قېرىنداشلىرىنى ئاجىز ۋە بىچارە ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزدۇم. ئى پەيغەمبەر! بىر ۋاقىت كېلىدۇ، سەنمۇ ئۇنىڭدەك غالىب ھۆكۈمران بولىسەن، بۇ قۇرەيش سەردارلىرى سېنىڭ بىر قول ئىشارىتىڭ ۋە بىر كەلىمە سۆزۈڭگە تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش ئۇزۇن ئۆتمەي مەككە فەتھى قىلىنغان چاغدا ئەمەلگە ئاشتى. (تەپسىر ئىبنى جەرىر تەبەرى فەتھۇلقەدىردىن ئېلىنغان)

④ شۇنداق قىلىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ياكى ئىككىنچى تەپسىرگە ئاساسەن كارۋان ئەھلى ئۇنى سېتىۋەتتى.

⑤ چۈنكى ئىنساننىڭ قولىغا ئاسانلا كېلىپ قالغان نەرسە، گەرچە قىممەتلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىممىتى بولمايدۇ.

⑥ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ چاغدا مىسىرغا رەييان ئىبنى ۋەلىد ئىسىملىك بىر كىشى ھۆكۈمران ئىدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى سېتىۋالغان ئەزىزى مىسرى ئۇنىڭ مالىيە ۋەزىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمىنى بەزى مۇپەسسىرلەر رائىل دېسە، بەزىلەر زۇلەيخا دەپ قارايدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

⑦ يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن ۋە زالىم قېرىنداشلىرىدىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك، ئۇنى مىسىر زېمىنىدا ياخشى بىر جايغا يەرلەشتۈردۇق.

وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥٓ ءَاتَيْنَٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى

ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٢٢﴾ وَرَٰوَدَتۡهُ ٱلَّتِي هُوَ فِي بَيۡتِهَا عَن نَّفۡسِهِۦ وَغَلَّقَتِ
ٱلۡأَبۡوَٰبَ وَقَالَتۡ هَيۡتَ لَكَۚ قَالَ مَعَاذَ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ رَبِّيٓ أَحۡسَنَ مَثۡوَايَۖ
إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٣﴾ وَلَقَدۡ هَمَّتۡ بِهِۦۖ وَهَمَّ بِهَا لَوۡلَآ أَن
رَّءَا بُرۡهَٰنَ رَبِّهِۦۚ

***يۇسۇف قىرانىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق①، بىز (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى شۇنداق مۇكاپاتلايمىز [22]. يۇسۇف ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان ئايال (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇندى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: «بېرى كەل!» دېدى. يۇسۇف: «ئاللاھ پاناھ بەرسۇن! شۈبھىسىزكى، ئۇ (يەنى سىزنىڭ ئېرىڭىز) مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى. (خىيانەت قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ»② دېدى [23]. ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) نىيەت قىلدى. يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا (ئىنسانلىق ئېتىبارى بىلەن ئازراق) مايىل بولدى③. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا (گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولاتتى)④.***

① يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چوڭ بولۇپ ئەقلى توشقان چاغدا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ياكى پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى ھېكمەت ۋە ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتى ئاتا قىلدۇق.

② بۇ يەردە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يېڭى بىر سىناققا دۇچ كەلدى. ئەزىز ئايالىغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ياخشى قاراشقا تەۋسىيە قىلغان ئىدى. بۇ ئايال يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل چىرايىغا ئاشىق بولۇپ قالدى ۋە ئۇنى ئۆزى بىلەن گۇناھ ئىش قىلىشقا چاقىردى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلدى.

③ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇنداق تەپسىر قىلدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا﴾ دېگەن شەرتلىك جۈملە ئەرەبچە ئايەتتىكى ئالدىنقى ﴿يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا (ئىنسانلىق ئېتىبارى بىلەن ئازراق) مايىل بولدى﴾ دېگەن جۈملە بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بەلكى

ئۇ شەرتنىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە مۇنداق: « لَوْلَا اَنْ رَّاٰ بُرْهَانَ رَبِّهٖ لَفَعَلَ مَا هَمَّ بِهٖ» مەنىسى: «ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، نىيەت قىلغان ئىشنى قىلىپ تاشلىغان بولاتتى». بۇ شەرھى كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرىگە ئۇيغۇندۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئىبارىنى ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا﴾ دېگەن شەرتلىك جۈملە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىشنى نىيەت قىلمىغان دەپ شەرھىلىگەن. ئەمما باشقىلار بۇنداق شەرھىلەشنى ئەرەب تىلىنىڭ ئۇسلۇبىغا ماس كەلمەيدۇ دەپ قارىغان ۋە مۇنداق شەرھىلىگەن: يۈسۈف ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ ئىشنى نىيەت قىلغان يەنى ئازراق مايىل بولغان، ئەمما بىرىنچىدىن، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى زۇلەيخانىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن بولغان. ئىككىنچىدىن، گۇناھنى نىيەت قىلىش مەسئۇلىيەتكە قالمايدۇ، بەلكى نىيەت قىلغان ئىشنى ئەمەلدە قىلىش مەسئۇلىيەتكە قالىدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر) باشقا تەتقىقاتچى مۇپەسسىرلەر مۇنداق شەرھىلىگەن: يۈسۈفمۇ ئۇ ئىشنى نىيەت قىلاتتى. ئەگەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، دېمەك ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەلىلىنى كۆرگەن ئىدى، شۇڭا ئەزىز مىسىرنىڭ ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشنى نىيەت قىلمىدى، بەلكى گۇناھقا چاقىرغان ھامان ﴿ئاللاھ پاناھ بەرسۇن! ...﴾ دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما «نىيەت قىلمىدى» دېگەنلىك ئۇنىڭ ھېسسىياتى قوزغالمىدى، ئىچكى دۇنياسىدا بىر ھەرىكەت پەيدا بولمىدى، دېگەنلىك ئەمەس. ھېسسىياتى قوزغىلىش، ھاياجانلىنىش باشقا بىر مەسىلە، نىيەت قىلىش ئايرىم گەپ. ھەقىقەت شۇكى، ئەگەر پەقەتلا ھاياجانلىنىش ۋە ھەرىكەت پەيدا بولمىغان بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ گۇناھتىن ساقلىنىشى كامالەت ھېسابلانمايدۇ. كىشىنىڭ ئىچىدە ھېسسىيات ۋە ھەرىكەت پەيدا بولسا، ئۇنى كونترول قىلىپ، گۇناھتىن ساقلانسا، ئاندىن كامالەت ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مانا بۇ كامالى سەۋر-تاقەت ۋە نەپسىنى كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسىنى ياراتتى.

④ بۇ يەردە يۇقىرىدىكى بىرىنچى تەپسىرگە ئاساسەن ﴿لَوْلَا اَنْ رَّاٰ بُرْهَانَ رَبِّهٖ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا﴾ دېگەن شەرتلىك جۈملىنىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. ئۇ بولسىمۇ " لَفَعَلَ مَا هَمَّ بِهٖ " (نىيەت قىلغان ئىشنى قىلىپ تاشلىغان بولاتتى، گۇناھ ئىشنى قىلىپ

تاشلىغان بولاتتى) دېگەن ئىبارىدۇر. بۇ ئايەتتىكى ئۇ كۆرگەن «دەلىل» نېمە ئىدى؟ بۇ ھەقتە بىر نەچچە خىل قاراش بار. خۇلاسە شۇكى، ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن شۇنداق بىر نەرسە كۆرسىتىلدىكى، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام نەپسىنى كونترول قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنى ئەنە شۇنداق ساقلايدۇ.

كَذَٰلِكَ لِنَصْرِفَ عَنْهُ ٱلسُّوٓءَ وَٱلْفَحْشَآءَ ۚ إِنَّهُۥ مِنْ عِبَادِنَا
ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٢٤﴾ وَٱسْتَبَقَا ٱلْبَابَ وَقَدَّتْ قَمِيصَهُۥ مِن دُبُرٍ وَأَلْفَيَا
سَيِّدَهَا لَدَا ٱلْبَابِ ۚ قَالَتْ مَا جَزَآءُ مَنْ أَرَادَ بِأَهْلِكَ سُوٓءًا إِلَّآ أَن
يُسْجَنَ أَوْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٢٥﴾ قَالَ هِىَ رَٰوَدَتْنِى عَن نَّفْسِى ۚ وَشَهِدَ
شَاهِدٌ مِّنْ أَهْلِهَآ إِن كَانَ قَمِيصُهُۥ قُدَّ مِن قُبُلٍ فَصَدَقَتْ وَهُوَ
مِنَ ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٢٦﴾

*بىز يامانلىقنى ۋە سەتچىلىكنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق (دەلىلىمىزنى كۆرسەتتۇق)①. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تاللانغان بەندىلىرىمىزدىن ئىدى [24]. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى (يۈسۈف چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، زۇلەيخا ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن) ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى②. (بۇ چاغدا) ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى، ئىككىلىسى ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) خوجىسى (يەنى ئېرى) بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «سېنىڭ ئەھلىيەڭگە يامانلىق قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك» دېدى③ [25]. يۈسۈف: «ئۇ (يەنى زۇلەيخا) مېنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى» دېدى④. ئۇ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرى گۇۋاھلىق بېرىپ⑤: «يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا، ئايال (يەنى زۇلەيخا) راست سۆزلىگەن بولىدۇ، يۈسۈف يالغانچىلاردىن بولىدۇ [26].*

① يەنى بىز يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا دەلىل-پاكىت كۆرسىتىپ، ئۇنى

يامانلىقتىن ياكى ئۇ نىيەت قىلغان ئىشتىن ساقلىغىنىمىزدەك، بىز ئۇنى ھەر ئىشتا يامانلىقتىن ۋە سەت ئىشلاردىن يىراقلاشتۇردۇق. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ خىللانغان بەندىلىرىمىزدىن ئىدى.

② يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ تەلپىدە چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سىرتقا قېچىش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى، ئايال ئۇنى ياندۇرۇپ ئەكىرىش ئۈچۈن ئارقىسىدىن قوغلىدى، ھەر ئىككىسى ئىشىكنىڭ يېنىغا يۈگۈرگەن پېتى كەلدى.

③ يەنى ئۇ ئايال يۈسۈفنى قوغلاپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ ئېرىنى كۆرۈپلا دەرھال مەسۇم قىياپەتكە كىرىۋالدى. ھەتتە ھىيلە-مىكىر بىلەن ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا ئارتىپ، ئۇنىڭغا جازا بەلگىلەپ ئۆلگۈردى، ھالبۇكى ئىش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئايال ئۆزى جىنايەتچى ئىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام گۇناھسىز ھەتتا بۇ يامان ئىشنى قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى ۋە ئۇنىڭدىن سىرتقا قاچقۇچى ئىدى.

④ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ ئايالنىڭ بارلىق گۇناھىنى ئۆزىگە ئارتىپ قويۇۋاتقانلىقى، ناھەق تۆھمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئاقلاپ: ئۇ مېنى بۇ يامان ئىشقا مەجبۇرلىدى، مەن ئۇنىڭدىن قېچىپ دەرۋازىنىڭ سىرتىغا قېچىپ چىقتىم، دېدى.

⑤ بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئاقىلىق ئادەم بار ئىدى، ئۇ مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئايەتتە «ھۆكۈم قىلىپ» دېگەن سۆز «گۇۋاھلىق بېرىپ» دەپ ئىپادىلەندى، چۈنكى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈش ۋە پاكىت تېپىش زۆرۈر ئىدى. بۇ ھەقتە كەلگەن «گۇۋاھچى بۆشۈكتىكى كىچىك بالا ئىدى» دېگەن قاراش سەھىھ رىۋايەتلەردە يوق. سەھىھۇل بۇخارى ۋە مۇسلىمدا بۆشۈكتىكى ئۈچ كىچىك بالىنىڭ سۆزلىگەنلىكى ھەققىدە ھەدىس بار. ئەمما بۇ بالا ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسى ئەمەس. راست بولغان بولسا، تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيتتى.

وَإِن كَانَ قَمِيصُهُۥ قُدَّ مِن دُبُرٍ فَكَذَبَتْ وَهُوَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٢٧﴾
فَلَمَّا رَءَا قَمِيصَهُۥ قُدَّ مِن دُبُرٍ قَالَ إِنَّهُۥ مِن كَيْدِكُنَّ ۖ إِنَّ كَيْدَكُنَّ

عَظِيمٌ ﴿٢٨﴾ يُوسُفُ أَعْرِضْ عَنْ هَٰذَاۚ وَٱسْتَغْفِرِي لِذَنبِكِۖ إِنَّكِ كُنتِ
مِنَ ٱلْخَاطِـِٔينَ ﴿٢٩﴾ ۞ وَقَالَ نِسْوَةٌ فِي ٱلْمَدِينَةِ ٱمْرَأَتُ ٱلْعَزِيزِ تُرَٰوِدُ
فَتَىٰهَا عَن نَّفْسِهِۦۖ قَدْ شَغَفَهَا حُبًّاۖ إِنَّا لَنَرَىٰهَا فِي ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٣٠﴾

***ئەگەر يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، ئايال يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، يۇسۇف راستچىللاردىن بولىدۇ» دېدى [27]. ئۇ (يەنى زۇلەيخانىڭ ئېرى) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالىغا: «(ئەي ئاياللار جامائەسى!) بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر، سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر»① [28]. «ئى يۇسۇف! بۇنى دەپ يۈرمىگىن② . (ئى ئايالىم!) سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن، چۈنكى، سەن گۇناھكارلاردىن بولىدۇڭ» دېدى③ [29]. شەھەردىكى (بەزى) ئاياللار: «ئەزىز (يەنى مىسىرنىڭ ۋەزىرى) نىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتماقچى بوپتۇ، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا كۆرۈۋاتىمىز» دېيىشتى④ [30].***

① بۇ مىسىر ئەزىزىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ ئايالىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ، ئاياللار ھەققىدە شۇنداق دېگەن. بۇ نە ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەس، نە بۇ سۆزنى ھەربىر ئايالغا قارىتىشمۇ توغرا ئەمەس. بەزى كىشىلەر بۇ سۆزنى ئايالغا قارىتىشقا ئۇرۇنىدۇ، بۇ خاتا قىلمىشتۇر. چۈنكى بۇ سۆزنى ھەربىر ئايالغا قارىتىش ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئايالارنى ھىيلىگەر دەپ سۈپەتلەش ھەرگىزمۇ قۇرئاننىڭ مەقسىتى ئەمەس.

② يەنى ئۇنى ھېچكىمگە دېمىگىن.

③ بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، مىسىر ئەزىزىگە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكلىقى ئايان بولغان.

④ خۇشبۇي نەرسىنى پەردە بىلەن يوشۇرغىلى بولمىغاندەك، بۇ مەپتۇنلۇق ۋەقەسىنىمۇ يوشۇرغىلى بولمىدى. مىسىر ئەزىزى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمەسلىكنى تاپىلىغان، شۇڭا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى مۇبارەك تىلى بىلەن ھېچكىمگە تىنمىغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ۋەقە ئورمانغا ئوت كەتكەندەك يامراپ، مىسىر ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە پۇر

كەتتى. ئۇ ئاياللار ھەيران بولغان ھالدا: ئەزىزنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ قۇلغا مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ نادانلىق ۋە ئازغۇنلۇقتۇر، دېيىشتى.

فَلَمَّا سَمِعَتْ بِمَكْرِهِنَّ أَرْسَلَتْ إِلَيْهِنَّ وَأَعْتَدَتْ لَهُنَّ مُتَّكَـًٔا وَءَاتَتْ كُلَّ وَٰحِدَةٍ مِّنْهُنَّ سِكِّينًا وَقَالَتِ ٱخْرُجْ عَلَيْهِنَّ ۖ فَلَمَّا رَأَيْنَهُۥٓ أَكْبَرْنَهُۥ وَقَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ وَقُلْنَ حَٰشَ لِلَّهِ مَا هَٰذَا بَشَرًا إِنْ هَٰذَآ إِلَّا مَلَكٌ كَرِيمٌ ﴿٣١﴾

***ئۇ (يەنى زۇلەيخا) ئۇلارنىڭ مىكىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، (چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن) ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتتى①. ئۇلارغا (يۆلىنىدىغان) تەكيە ـ ياستۇقلار (ۋە كېسىپ يەيدىغان يېمەكلىكلەر) نى تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن پىچاق بەردى②. (زۇلەيخا يۇسۇفكە) «ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققىن» دېدى③. ئۇلار يۇسۇفنى كۆرۈپلا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى④. ئۇلار: «(بۇنداق چىرايلىق ئىنساننى ياراتقان) ئاللاھ پاكتۇر! بۇ ئادەمزات ئەمەس، بىر پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتە ئىكەنغۇ» دېيىشتى⑤ [31].***

① مىسىردىكى ئاياللارنىڭ زۇلەيخا توغرىسىدا دېگەن سۆز ـ چۆچەكلىرى ۋە تەنە ـ مالامەتلىرى بۇ يەردە «مىكىرلىك سۆزلەر» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۇ ئاياللارغىمۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق كېلىشكەن بىر يىگىت ئىكەنلىك خەۋىرى يېتىپ بولغان ئىدى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈشكە تەشنا ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار زۇلەيخانىڭ ئۆزلىرىنى سارىيىغا چاقىرىتىشىقا قىزىقتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇشبۇ سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقاتقان ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى غەلىبە قىلدى، مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالىمۇ ئۇلارغا، ئۆزى مەپتۇن بولغان كىشىنىڭ بىر قۇل ياكى ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، بەلكى كۆرگەن كىشىنىڭ دىلىنى مەپتۇن قىلىدىغان، ئىچىمۇ ۋە تېشىمۇ گۈزەل بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ

قويۇش ھەمدە ئۆزىنىڭ خاتا قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى سارىيىغا زىياپەتكە چاقىردى.

② كۆرپىلەرنىڭ كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ياستۇقلار تىزىلغان بىر سورۇن تەييارلىدى، ئاندىن كېسىپ يەيدىغان مېۋىلەرنى تىزدى. بۈگۈنكى ئەرەبلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ ھەتتا مېھمانخانىلار ۋە رېستورانلاردىمۇ تەكيە بىلەن كۆرپە سېلىنىدىغان ئادەت ئومۇملاشقان.

③ مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالى زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى باشتا يوشۇرۇپ قويغان ئىدى، كېيىن ھەممە ئاياللار قوللىرىغا پىچاق ئالغاندا، زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ سورۇنىغا كىرىشكە بۇيرىدى.

④ ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قايىل بولۇشتى، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ بەك چىرايلىقلىقىدىن خۇدلىرىنى يوقاتتى ھەتتا ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا قوللىرىدىكى مېۋە كېسىدىغان پىچاقلار بىلەن قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. كېسىلگەن قوللاردىن قانلار ئېقىشقا باشلىدى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قەۋەت ئاسماندا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ: «ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن پۈتۈن گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلىپتۇ» دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 259 ـ ھەدىس)

⑤ بۇنىڭ مەنىسى پەرىشتىلەر شەكىل ۋە گۈزەللىكتە ئىنسانلاردىن چىرايلىق ياكى ئەۋزەل دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئىنسانلار پەرىشتىلەرنى كۆرۈپ باققانمۇ ئەمەس. يەنە ئىنسان توغرىسىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق﴾ دېدى. (سۈرە تىين 4 ـ ئايەت) بۇ ئاياللارنىڭ ئۇنى «بۇ ئادەمزات ئەمەس» دېيىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك گۈزەل بىر ھۆسن ـ جامال ئىگىسىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ «بۇ پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتە ئىكەنغۇ» دېيىشىدىكى سەۋەب، ئادەتتىكى كىشىلەر پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنسانلارنىڭكىدىن ئۈستۈن دەپ چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈندۇر. يەنە بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئالاھىدىلىك ۋە ئىمتىيازلارغا ئاساسەن ئۇلارنى ئادەمزاتلىقتىن چىقىرىپ، «نۇرلۇق مەخلۇق» دەپ قاراش ھەر دەۋردە پەيغەمبەرلىك ۋە ئۇنىڭ ماقامىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ كەلگەن.

قَالَتْ فَذَٰلِكُنَّ ٱلَّذِى لُمْتُنَّنِى فِيهِ ۖ وَلَقَدْ رَٰوَدتُّهُۥ عَن نَّفْسِهِۦ
فَٱسْتَعْصَمَ ۖ وَلَئِن لَّمْ يَفْعَلْ مَآ ءَامُرُهُۥ لَيُسْجَنَنَّ وَلَيَكُونًا مِّنَ
ٱلصَّٰغِرِينَ ﴿٣٢﴾ قَالَ رَبِّ ٱلسِّجْنُ أَحَبُّ إِلَىَّ مِمَّا يَدْعُونَنِىٓ إِلَيْهِ ۖ وَإِلَّا
تَصْرِفْ عَنِّى كَيْدَهُنَّ أَصْبُ إِلَيْهِنَّ وَأَكُن مِّنَ ٱلْجَٰهِلِينَ ﴿٣٣﴾
فَٱسْتَجَابَ لَهُۥ رَبُّهُۥ فَصَرَفَ عَنْهُ كَيْدَهُنَّ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٣٤﴾

***ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «مانا بۇ سىلەرنىڭ مېنى ئەيىبلىشىڭلارغا سەۋەب بولغان ھېلىقى ئادەم①، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى (چىڭ) ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمغا ئۇنىمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەملەردىن بولۇپ قالىدۇ» دېدى② [32]. يۈسۈف: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن توسمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ كېتىپ نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى③ [33]. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئۇنىڭدىن توستى. ئاللاھ (ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى) ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [34].***

① ئەزىزنىڭ ئايالى ھىيلىسىنىڭ كۈتكىنىدەك ئۈنۈم بېرىۋاتقانلىقى ۋە ئاياللارنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆسنى-جامالىدىن بىخۇد بولۇپ، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دېدىكى، سىلەر ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈپلا مۇشۇنداق كەيپىياتقا كەلدىڭلار، ئەمدى مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغانلىقىمنى ئەيىبلەمسىلەر؟ مانا مۇشۇ يىگىت سەۋەبىدىن سىلەر مېنى ئەيىبلىگەن ئىدىڭلار.

② ئاياللارنىڭ قىزغىنلىق كەيپىياتى ۋە قايىللىقىنى كۆرۈپ، مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالى تېخىمۇ ئېچىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ شەرمى-ھايا پەردىسىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىزھار قىلدى.

③ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئىچىدە ئوقۇدى. چۈنكى دۇئا مۇئمىننىڭ بىر قورالىدۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمايدىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۆز سايىسىگە ئالىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەم بار: ئۇلارنىڭ بىرى، مەرتىۋىلىك چىرايلىق ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، «مەن ئاللاھتىن قورقىمەن» دەپ رەت قىلغان كىشىدۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 660-ھەدىس، مۇسلىم 1031-ھەدىس)

ثُمَّ بَدَا لَهُم مِّنۢ بَعۡدِ مَا رَأَوُاْ ٱلۡأٓيَٰتِ لَيَسۡجُنُنَّهُۥ حَتَّىٰ حِينٖ ٣٥
وَدَخَلَ مَعَهُ ٱلسِّجۡنَ فَتَيَانِۖ قَالَ أَحَدُهُمَآ إِنِّيٓ أَرَىٰنِيٓ أَعۡصِرُ خَمۡرٗاۖ
وَقَالَ ٱلۡأٓخَرُ إِنِّيٓ أَرَىٰنِيٓ أَحۡمِلُ فَوۡقَ رَأۡسِي خُبۡزٗا تَأۡكُلُ ٱلطَّيۡرُ مِنۡهُۖ
نَبِّئۡنَا بِتَأۡوِيلِهِۦٓۖ إِنَّا نَرَىٰكَ مِنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٣٦ قَالَ لَا يَأۡتِيكُمَا
طَعَامٞ تُرۡزَقَانِهِۦٓ إِلَّا نَبَّأۡتُكُمَا بِتَأۡوِيلِهِۦ قَبۡلَ أَن يَأۡتِيَكُمَاۚ ذَٰلِكُمَا
مِمَّا عَلَّمَنِي رَبِّيٓۚ إِنِّي تَرَكۡتُ مِلَّةَ قَوۡمٖ لَّا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَهُم
بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ٣٧

***ئاندىن ئۇلار (يۈسۈفنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە دائىر) پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىن، (سۆز - چۆچەك بېسىققانغا قەدەر) ئۇنى بىر مەزگىل قاماپ قويۇشنى لايىق تاپتى① [35]. زىندانغا يۈسۈف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن (ئۈزۈمدىن) مەي سىقىۋېتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن» دېدى. ئىككىنچىسى: «مەن چۈشۈمدە بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغىدەكمەن، ناننى قۇشلار يەۋاتقۇدەك، بۇنىڭ تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ. چۈنكى، بىز سېنى (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىمۇ، ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتىمۇ) ياخشى كىشىلەردىن دەپ قارايمىز» دېدى② [36]. يۈسۈف ئېيتتى: «ئىككىڭلارغا رىزىقلىنىشقا سىرتتىن تاماق كېلىدىغانلا بولسا، ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە (تاماق) ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇ پەرۋەردىگارىم ماڭا بىلدۈرگەن بىلىملەردىندۇر③. شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاھقا***

*ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىنى تاشلىدىم (يەنى قوبۇل قىلمىدىم)④ [37].*

① يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھسىز، ئىپپەتلىك ۋە پاك ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغان تۇرۇپ، ئۇنى زىندانغا سولاپ قويۇشتا، مىسىر ئەزىزى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئايالىدىن يىراق قىلىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئايالىغا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە تارتىش ئىمكانىيىتى بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ئايالىنىڭ يامان غەرىزىنى بىلەتتى.

② ھەر ئىككى يىگىت پادىشاھ ئوردىسىدىكى خادىملار بولۇپ، بىرى پادىشاھنىڭ ساقىيسى، يەنە بىرى ناۋىيى ئىدى. ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن زىندانغا تاشلانغانلار ئىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بولسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغانلىقتىن زىنداندىكى بارلىق مەھبۇسلاردىن ئىبادەت، تەقۋادارلىق، راستچىللىق ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ يەردە دەۋەت ۋە تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان چۈشكە تەبىر بېرىش ئىلمى بىلەن زىنداندىكىلەرنىڭ چۈشلىرىگە تەبىر بېرەتتى. بۇ ئىككىسى چۈش كۆرۈپ، ئۇدۇل يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ﴿بىز سېنى (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىمۇ، ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتىمۇ) ياخشى كىشىلەردىن دەپ قارايمىز﴾، بىز كۆرگەن چۈشكە تەبىر بېرىشىڭنى سورايمىز دېدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿ الْمُحْسِنِينَ﴾ نىڭ يەنە بىر مەنىسىنى «چۈشكە ياخشى تەبىر بېرەلەيدىغانلار» دەپ شەرھىلىگەن.

③ يەنى مەن سىلەرنىڭ چۈشۈڭلارغا تەبىر بېرىمەن، بۇ تەبىر كاھىنلار ۋە مۇنەججىملەرنىڭ سۆزىدەك گۇمان ۋە پەرەزگە ئاساسلىنىپ بېرىلگەن ئەمەس، چۈنكى پەرەزگە ئاساسلىنىپ ئېيتىلغان سۆز خاتا بولۇشىمۇ ياكى توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭ تەبىرىم ئاللاھ تائالا تەرەپتىن بېرىلگەن شەكسىز ئىلىمگە ئاساسلىنىدۇ. بۇنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

④ ئۇ ئىلاھىي ئىلىم ۋە ئىلھامنىڭ ئۆزىگە نېمە سەۋەبتىن بېرىلگەنلىكىنى بايان قىلىپ، دېدىكى: مەن ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىنى تاشلىغانلىقىم (قوبۇل

قىلمىغانلىقىم) ئۈچۈن، بۇ ئىلھام ۋە ئىلىم ماڭا ئاللاھ تەرەپتىن ئىنئام قىلىندى.

وَٱتَّبَعۡتُ مِلَّةَ ءَابَآءِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَۚ مَا كَانَ لَنَآ أَن نُّشۡرِكَ بِٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۚ ذَٰلِكَ مِن فَضۡلِ ٱللَّهِ عَلَيۡنَا وَعَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشۡكُرُونَ ﴿٣٨﴾ يَٰصَٰحِبَيِ ٱلسِّجۡنِ ءَأَرۡبَابٞ مُّتَفَرِّقُونَ خَيۡرٌ أَمِ ٱللَّهُ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّارُ ﴿٣٩﴾

***مەن ئەجدادلىرىم① ــ ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس②، بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ [38]. ئى زىندانداشلىرىم!③ تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟④ ياكى قۇدرەتلىك بىرلا ئاللاھمۇ؟ [39].***

① يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى يەنى بوۋىلىرىنى ﴿ءَابَآءِيٓ﴾ ئاتىلىرىم دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئۇلارمۇ ئەسلىدە ئاتىلاردۇر. تەرجىمىدە «ئەجدادلىرىم» دەپ ئېلىنغان. تەرتىپ بويىچە ئەڭ چوڭ بوۋا (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) ئاندىن كېيىنكى بوۋا (ئىسھاق ئەلەيھىسسالام)، ئاندىن ئاتىسى (يەئقۇب ئەلەيھىسسالام)نى تىلغا ئالدى. يەنى باشتا بىرىنچى ئەسلي نەسەبىنى، ئاندىن ئىككىنچى ئەسلي نەسەبىنى، ئاندىن ئۈچىنچى ئەسلي نەسەبىنى بايان قىلدى.

② مانا بۇ تەۋھىدكە چاقىرىش ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە دەۋەت قىلىش ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئاساسىي شوئارى ۋە تۇنجى قېتىم چاقىرىدىغان دەۋىتى ئىدى.

③ «ئى زىندانداشلىرىم!» دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب ئۇلار بىرلىكتە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بىرى تۈرمىدە بىللە تۇرۇۋاتاتتى.

④ تارقاقلىق زات، سۈپەت ۋە سان جەھەتتىن بولىدۇ، يەنى ئۇ مەبۇدلار بولسا زات جەھەتتىن بىر-بىرىدىن ئايرىم، سۈپەتلىرىمۇ بىر-بىرىگە

زىت... يەنە سانسىز پەرقلىق بولغان مەبۇدلاردۇر. ئۇلار ياخشىمۇ؟ ياكى زاتىدا ۋە سۈپەتلىرىدە يەككە-يېگانە ، ھېچقانداق شېرىكى يوق، ھەممىدىن غالىب ۋە ھەممىگە ھۆكۈمران بىر ئاللاھ ياخشىمۇ؟

مَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ أَسۡمَآءٗ سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّآ
أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٍۚ إِنِ ٱلۡحُكۡمُ إِلَّا لِلَّهِ أَمَرَ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُۚ
ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٤٠﴾ يَٰصَٰحِبَيِ
ٱلسِّجۡنِ أَمَّآ أَحَدُكُمَا فَيَسۡقِي رَبَّهُۥ خَمۡرٗاۖ وَأَمَّا ٱلۡأٓخَرُ فَيُصۡلَبُ
فَتَأۡكُلُ ٱلطَّيۡرُ مِن رَّأۡسِهِۦۚ قُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ ٱلَّذِي فِيهِ تَسۡتَفۡتِيَانِ ﴿٤١﴾

***سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە باشقا ساختا ئىلاھلارنىڭ) ناملىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاللاھ ئۇلار(غا چوقۇنۇش) توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگەن ئەمەس① . بارچە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر② . لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ③ [40]. ئى زىندانداشلىرىم!④ (كۆرگەن چۈشۈڭلارغا كەلسەك)، سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ، بۇرۇنقىدەك) خوجايىنىغا مەي قۇيۇپ بېرىدۇ⑤ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ)، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ⑥ ، سىلەر سورىغان ئىشلار توغرىسىدا (مۇشۇنداق) ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى»⑦ [41].***

① بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلار مەبۇد دەپ ئاتىۋالغان، ھالبۇكى ئۇ نەرسىلەر مەبۇد ئەمەس، ئۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ھېچبىر دەلىل چۈشۈرگەن ئەمەس. يەنە بىر مەنىسى، بۇ مەبۇدلارغا ھەر خىل ئىسىملارنى ئۆزۈڭلار قويۇۋالغان. ئاللاھ ئۇلارنىڭ مەبۇدلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق پاكىت چۈشۈرگىنى يوق.

② مەن سىلەرنى چاقىرىۋاتقان بۇ دىندا پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىنىدۇ، بۇ ئاللاھ تائالا ئۆزى بۇيرۇغان توغرا دىندۇر.

③ شۇ ۋەجىدىن كۆپ كىشىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى ئاللاھنى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئېقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ)﴾. (سۈرە يۇسۇف 106-ئايەت)، يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾. (سۈرە يۇسۇف 103-ئايەت)

④ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشكە باشلىدى.

⑤ بۇ ئۇزۇمدىن مەي سىقىپ چۈش كۆرگەن ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يەنە بىرىنىڭ غەم-ئەندىشىگە مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىلىدىغان ئادەمنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي ئېنىقسىز قالدۇردى.

⑥ بۇ بېشىدا نان كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قۇشلار يەپ چۈش كۆرگەن ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ يەنى بۇ ئىشلار تەقدىردە ئەزەلدىن شۇنداق پۈتۈلگەن بولۇپ، چوقۇم يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(كۆرۈلگەن) چۈش-تەبىر بېرىلمىسە، قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىپ قويۇلغان ھالەتتە تۇرىدۇ، يەنى رېئاللىققا ئايلانمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا تەبىر بېرىلسە، رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.» (مۇسنەدى ئەھمەد، مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەدىن رىۋايەت قىلغان)

وَقَالَ لِلَّذِى ظَنَّ أَنَّهُۥ نَاجٍ مِّنْهُمَا ٱذْكُرْنِى عِندَ رَبِّكَ فَأَنسَىٰهُ
ٱلشَّيْطَٰنُ ذِكْرَ رَبِّهِۦ فَلَبِثَ فِى ٱلسِّجْنِ بِضْعَ سِنِينَ ﴿٤٢﴾ وَقَالَ
ٱلْمَلِكُ إِنِّىٓ أَرَىٰ سَبْعَ بَقَرَٰتٍ سِمَانٍ يَأْكُلُهُنَّ سَبْعٌ عِجَافٌ وَسَبْعَ
سُنۢبُلَٰتٍ خُضْرٍ وَأُخَرَ يَابِسَٰتٍ ۖ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَأُ أَفْتُونِى فِى رُءْيَٰىَ إِن
كُنتُمْ لِلرُّءْيَا تَعْبُرُونَ ﴿٤٣﴾ قَالُوٓا۟ أَضْغَٰثُ أَحْلَٰمٍ ۖ وَمَا نَحْنُ بِتَأْوِيلِ
ٱلْأَحْلَٰمِ بِعَٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾ وَقَالَ ٱلَّذِى نَجَا مِنْهُمَا وَٱدَّكَرَ بَعْدَ أُمَّةٍ أَنَا۠
أُنَبِّئُكُم بِتَأْوِيلِهِۦ فَأَرْسِلُونِ ﴿٤٥﴾

*يۇسۇف ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىكى قۇتۇلۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان بىرىگە (يەنى ساقىيغا): «خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گېپىمنى قىلىپ قويغىن» دېگەن ئىدى. ئەمما خوجايىنىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ قويۇشنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇردى، بۇ سەۋەبتىن يۇسۇف زىنداندا (يەنە) بىر نەچچە① يىل يېتىپ قالدى [42]. پادىشاھ ئېيتتى: «مەن راستىنلا چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپكەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، ئى كاتتىباشلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار» [43]. ئۇلار ئېيتتى: «بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز (مۇنداق) قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى بىلمەيمىز»② [44]. ھېلىقى ئىككىسىنىڭ (زىنداندىن) قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۇسۇفنى) ئېسىگە ئالغان بىرى: «مەن سىلەرگە ئۇنىڭ تەبىرىنى خەۋەر قىلىمەن، مېنى (دەرھال زىندانغا) ئەۋەتىڭلار!» دېدى③ [45].*

① ﴿بِضْعَ﴾ ئۈچتىن توققۇزغىچە بولغان سانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دەيدۇ: ئەييۇب ئەلەيھىسسالام سىنالغان كۈلپەت ئىچىدە 7 يىل تۇردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندا يەتتە يىل تۇردى. بۇختىننەسسىرنىڭ ئازابلىرىمۇ 7 يىل داۋاملاشقان ئىدى. ئەمما بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندا 12 يىل، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە 14 يىل تۇرغان. توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

② ﴿اَضْغَاثُ﴾ " ضِغْثٌ " نىڭ كۆپلۈك شەكلى، ئورۇلغان كۆكتات، ئوت-چۆپ دېگەن مەنىدە. ﴿اَحْلَامٍ﴾ " حِلْمٌ " نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، چۈشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿اَضْغَاثُ اَحْلَامٍ﴾ بۇ ئىككى سۆز بىرلەشكەندە قالايمىقان چۈش، تەبىر بەرمەك قىيىن، چېچىلغان خىياللار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چۈشنى كۆرگەن كىشى شۇ زاماندىكى مىسىرنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ئەزىزى ئۇنىڭ ۋەزىرى ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ چۈش ئارقىلىق يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى زىنداندىن ئازات قىلماقچى ئىدى. شۇڭا پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى دۆلەت ئەربابلىرى، كاھىنلار ۋە پالچىلار بۇ قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، پالچىلار سۆزىدە تەبىر ئىلمىنى ئىنكار قىلمىغان، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار تەبىر ئىلمىدىن بىخەۋەر

ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنى ئىنكار قىلمىدى، ئۇلار پەقەت مۇشۇ چۈشكە تەبىر بېرىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى.

③ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىككى مەھبۇس ھەمراھىدىن بىرىنىڭ قۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا: مېنىڭ ئەھۋالىمنى پادىشاھقا بىلدۈرۈپ قويغىن، مېنىڭمۇ زىنداندىن قويۇپ بېرىلىشىمگە پايدىسى بولۇپ قالار، دېگەن ئىدى. چۈش تەبىرى توغرۇلۇق سۆز بولۇۋاتقان چاغدا ئۇ (ساقىي) تۇيۇقسىز يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئېسىگە ئالدى-دە، پادىشاھقا ۋە بۇ چۈش توغرۇلۇق يىغىلغان ئەربابلارغا: ماڭا يۈسۈفنىڭ يېنىغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىڭلار، مەن قايتىپ كېلىپ، سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى قىلىمەن، دېدى. ئۇ ئورنىدىن چىقىپ، ئۇدۇل يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭغا پادىشاھ كۆرگەن چۈشنى سۆزلەپ بېرىپ، تەبىرىنى سورىدى.

يُوسُفُ أَيُّهَا ٱلصِّدِّيقُ أَفۡتِنَا فِي سَبۡعِ بَقَرَٰتٖ سِمَانٖ يَأۡكُلُهُنَّ
سَبۡعٌ عِجَافٞ وَسَبۡعِ سُنۢبُلَٰتٍ خُضۡرٖ وَأُخَرَ يَابِسَٰتٖ لَّعَلِّيٓ أَرۡجِعُ
إِلَى ٱلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿٤٦﴾ قَالَ تَزۡرَعُونَ سَبۡعَ سِنِينَ دَأَبٗا فَمَا
حَصَدتُّمۡ فَذَرُوهُ فِي سُنۢبُلِهِۦٓ إِلَّا قَلِيلٗا مِّمَّا تَأۡكُلُونَ ﴿٤٧﴾ ثُمَّ يَأۡتِي
مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ سَبۡعٞ شِدَادٞ يَأۡكُلۡنَ مَا قَدَّمۡتُمۡ لَهُنَّ إِلَّا قَلِيلٗا
مِّمَّا تُحۡصِنُونَ ﴿٤٨﴾

***(ئۇنى ئەۋەتىشتى، ئۇ زىندانغا بېرىپ يۈسۈفنىڭ يېنىغا كىردى - دە) «يۈسۈف! ئى راستچىل كىشى! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاق (كۆرۈپ چۈشىگەن چۈش) توغرىسىدا بىزگە تەبىر بەرگىن. ئۈمىدكى، مەن كىشىلەرگە (توغرا تەبىر بىلەن) قايتسام، ئۇلار (سېنىڭ قەدرىڭنى) بىلگەي» دېدى [46]. يۈسۈف ئېيتتى: «يەتتە يىل ئۈزۈلدۈرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن ئۆزۈڭلار يەيدىغان ئاز بىر قىسمىدىن باشقىسىنى (يەنى كۆپىنچىسىنى مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشقى بىلەن قويۇڭلار [47]. شۇنىڭدىن***

*كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ، (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى توپلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويۇلىدىغان①ئاز بىر قىسمىدىن باشقىسىنى يەيسىلەر② [48].*

① ﴿مِمَّا تُحۡصِنُونَ﴾ ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن ساقلايدىغان ئاشلىقىڭلار دېگەن مەنىدە.

② ئاللاھ تائالا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا چۈشكە تەبىر بېرىدىغان ئىلىم ئاتا قىلغان ئىدى، شۇڭا ئۇ چۈشنىڭ تېگىگە دەرھال يەتتى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام يەتتە سېمىز كالىغا مول ـ ھوسۇل كۆپ بولىدىغان يەتتە يىل دەپ تەبىر بەردى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، يەتتە ئورۇق كالىغا قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل دەپ تەبىر بەردى. شۇنىڭدەك يەتتە يېشىل باشاق-يەتتە يىل زېمىندىن كۆپ مول-ھوسۇل چىقىدىغانلىقىنى، يەتتە قۇرۇق باشاق-يەتتە يىل زېمىندىن مول-ھوسۇل چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ دەپ تەبىر بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ تەدبىرىنىمۇ بايان قىلىپ دېدىكى، سىلەر يەتتە يىل ئىزچىل تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلارنى ئۆزاق ساقلاشقا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن باشىقى بىلەن ساقلاپ قويۇڭلار. ئاچارچىلىق بولغان يەتتە يىلدا ساقلىۋالغان بۇ باشاقلاردىن پايدىلىنىسىلەر.

ثُمَّ يَأۡتِي مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ عَامٞ فِيهِ يُغَاثُ ٱلنَّاسُ وَفِيهِ يَعۡصِرُونَ ﴿٤٩﴾
وَقَالَ ٱلۡمَلِكُ ٱئۡتُونِي بِهِۦۖ فَلَمَّا جَآءَهُ ٱلرَّسُولُ قَالَ ٱرۡجِعۡ إِلَىٰ رَبِّكَ
فَسۡـَٔلۡهُ مَا بَالُ ٱلنِّسۡوَةِ ٱلَّٰتِي قَطَّعۡنَ أَيۡدِيَهُنَّۚ إِنَّ رَبِّي بِكَيۡدِهِنَّ
عَلِيمٞ ﴿٥٠﴾ قَالَ مَا خَطۡبُكُنَّ إِذۡ رَٰوَدتُّنَّ يُوسُفَ عَن نَّفۡسِهِۦۚ قُلۡنَ
حَٰشَ لِلَّهِ مَا عَلِمۡنَا عَلَيۡهِ مِن سُوٓءٖۚ قَالَتِ ٱمۡرَأَتُ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡـَٰٔنَ
حَصۡحَصَ ٱلۡحَقُّ أَنَا۠ رَٰوَدتُّهُۥ عَن نَّفۡسِهِۦ وَإِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٥١﴾

*شۇنىڭدىن كېيىن (مولچىلىق) بىر يىل كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولىدۇ، كىشىلەر (مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى) سىقىپ چىقىرىدۇ»① [49]. (بۇلارنى ئاڭلىغان) پادىشاھ: ئۇنى*

*ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى②. ئەلچى يۇسۇفنىڭ يېنىغا بارغاندا، (يۇسۇف ئۇنىڭغا): «سەن خوجايىنىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن قوللىرىنى كېسىۋالغان ھېلىقى ئاياللارنىڭ دەردى نېمىكەن؟ سوراپ باققىن③. شەكسىزكى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى [50] پادىشاھ (ھېلىقى ئاياللارنى يىغىپ): «سىلەر يۇسۇفنى ئۆزۈڭلارغا تارتماقچى بولغاندا، ھەقىقىي ئەھۋال قانداق بولغان؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئاللاھ پاكتۇر، بىز ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر گۇناھ بارلىقىنى بىلمىدۇق» دېدى④. ئەزىزنىڭ ئايالى: «ئەمدى ھەقىقەت ئاشكارىلاندى، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتماقچى بولغان ئىدىم، ئۇ ھەقىقەتەن راستچىللاردىن ئىدى»⑤ دېدى [51].*

① قۇرغاقچىلىق بولغان يەتتە يىلدىن كېيىن يامغۇر كۆپ ياغىدىغان يىل كېلىدۇ، نەتىجىدە مول-ھوسۇل كۆپ بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر ئۈزۈمدىن شەربەت، زەيتۇندىن ياغ ۋە چارۋىلاردىن سۈت چىقىرىسىلەر. چۈشكە بېرىلگەن بۇ تەبىرنىڭ چۈشتىكى ۋەقە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇ قەدەر ماسلاشقان ئىدىكى، بۇنداق چۈشكە پەقەت ئاللاھ تائالا ئېستېتىك زوق، ساغلام ئىدراك ۋە پۇختا ماھارەت ئاتا قىلغان ئادەملا تەبىر بېرەلەيتتى. بۇ ئادەم دەل يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىدى.

② دېمەك ساقىي چۈشنىڭ تەبىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. پادىشاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن تەبىرى ۋە كۆرسەتكەن تەدبىردىن قاتتىق تەسىرلەندى. ھەمدە ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى زىنداندا يېتىۋاتقان بۇ شەخسنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئالاھىدە ئىلمى ۋە قابىلىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇدى-دە، ئۇنى دەرھال ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

③ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام پادىشاھنىڭ ئۆزىگە ئىنايەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ مۇنداقلا بىر ئېلتىپات بىلەن زىنداندىن چىقىپ كېتىشنى خالىمىدى. بەلكى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى ۋە دىيانىتىنىڭ ئايان بولۇشىنى ۋە گۇناھسىزلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشىنى ئەۋزەل كۆردى. چۈنكى ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچى ئۈچۈن پاك-دىيانەتلىك ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

④ پادىشاھنىڭ سۈرۈشتە قىلىشى بىلەن ھېلىقى ئاياللار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

⑤ مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالى (زۇلەيخا) ئەمدى خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە مۇنداق دېدى: بۇ پەرىشتە سۈپەت ئىنسان گۇناھسىز، بۇ خاتالىق مەندىن سادىر بولغان، ئۇنىڭدا ھېچ گۇناھ يوق.

ذَٰلِكَ لِيَعۡلَمَ أَنِّي لَمۡ أَخُنۡهُ بِٱلۡغَيۡبِ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي كَيۡدَ ٱلۡخَآئِنِينَ ﴿٥٢﴾

***(ئەزىزنىڭ ئايالى ئېيتتى) «بۇ (يەنى يۈسۈفنى ئاقلاپ، ئۆز گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلىشىم) يۈسۈف يوق چاغدا، مېنىڭ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى① ۋە ئاللاھنىڭ خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى② (ئۇنىڭغا) بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى» [52].***

① بەزى مۇپەسسىرلەر ۋە تەتقىقاتچىلار مەزكۇر سۆزلەرنى ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ سۆزى دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىر مەنىسى، مەن يۈسۈف يوق جايدىمۇ ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاپ، خىيانەت قىلمايمەن، بەلكى راستچىللىق بىلەن خاتالىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. يەنە بىر مەنىسى، ئېرىم يوق چاغدا ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمىدىم، ئەپسۇسلانغۇدەك بىرەر چوڭ گۇناھمۇ يۈز بەرمىدى. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ قاراشنى توغرا دەپ قارايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزلەرنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىپ، ئۇ زىنداندىكى چاغدا يۇقىرىدىكى ئىشلار ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەندە ئېيتقان ياكى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئېيتقان، دەپ قارايدۇ.

② خائىنلارنىڭ ھىيلە-مىكرلىرى غەلىبە قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى چەكلىك ھەم ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئاخىرىدا ھەقىقەت ۋە ھەقىقەتچىلەرلا غەلىبە قىلىدۇ، ھەقىقەتچىلەر دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ.

۞ وَمَآ أُبَرِّئُ نَفۡسِيٓۚ إِنَّ ٱلنَّفۡسَ لَأَمَّارَةُۢ بِٱلسُّوٓءِ إِلَّا مَا رَحِمَ رَبِّيٓۚ
إِنَّ رَبِّي غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٥٣﴾ وَقَالَ ٱلۡمَلِكُ ٱئۡتُونِي بِهِۦٓ أَسۡتَخۡلِصۡهُ
لِنَفۡسِيۖ فَلَمَّا كَلَّمَهُۥ قَالَ إِنَّكَ ٱلۡيَوۡمَ لَدَيۡنَا مَكِينٌ أَمِينٞ ﴿٥٤﴾ قَالَ
ٱجۡعَلۡنِي عَلَىٰ خَزَآئِنِ ٱلۡأَرۡضِۖ

*(ئەزىزنىڭ ئايالى يەنە دېدىكى): «(مەن بۇنىڭ بىلەن) ئۆزۈمنى ئاقلىماقچىمۇ ئەمەسمەن①. چۈنكى نەپس دېگەن ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇغۇچىدۇر②. پەقەت پەرۋەردىگارىم رەھىم قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا③. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر» [53]. پادىشاھ: «يۇسۇفنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن»④ دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈپ: «ھەقىقەتەن سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك⑤ ۋە ئىشەنچلىك ئادەمسەن» دېدى [54]. يۇسۇف: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى⑥ باشقۇرۇشقا تەيىنلىگىن،*

① بۇ سۆزلەرنىمۇ (ئىبنى كەسىرنىڭ قارىشى بويىچە) مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالىنىڭ سۆزى دەپ ئالغاندا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇنغانلىق ۋە تۆھمەت قىلغانلىق گۇناھىنى تولۇق ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ئەگەر بۇ سۆزلەرنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى دەپ ئالغاندا، ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ئىزھار قىلىپ ئېيتقان، دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. (بۇ ئايەتنىڭ سىياقىدىن يىراق)، چۈنكى، ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە گۇناھسىزلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ بۇنداق ئۇسلۇبتا سۆز قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتۇر.

② ئۇ ئايال ئۆز خاتالىقىنىڭ سەۋەبى ياكى سەۋەبچى ئامىلىنى بايان قىلىپ، نەپس ئىنساننى يامان ئىشقا ئۈندەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىدۇ، دېدى.

③ يەنى نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن

ئادەملا ساقلىنىپ قالىدۇ، خۇددى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالا ساقلاپ قالغاندەك.

④ پادىشاھ (رەييان ئىبنى ۋەلىد) يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمى ۋە پەزىلىتى، ھەمدە يۈكسەك ئەخلاققا ئىگە، پاك-دىيانەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دېدىكى: ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! ئۇنى ئۆزۈمگە ھەمراھ ۋە مەسلىھەتچى قىلىۋالىمەن.

⑤ ﴿مَكِينٌ﴾ مەرتىۋىلىك، ﴿أَمِينٌ﴾ يەنى مەملىكەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى دېمەكتۇر.

⑥ ﴿خَزَآئِنِ﴾ «خَزَانَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بايلىقنى ساقلايدىغان جاي، خەزىنە دېگەن مەنىدە. «زېمىننىڭ خەزىنىلىرى» دېگەندىن ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاشلىقنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىزھار قىلىشتا، چۈشنىڭ تەبىرىگە ئاساسەن كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان قەھەتچىلىك يىللاردىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن، پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىش ۋە يېتەرلىك ئاشلىق ساقلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. گەرچە ئومۇمىي ئەھۋالدا ھوقۇق-مەنسەپنى تەلەپ قىلىش جايىز ئەمەس بولسىمۇ، لېكىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىشىدىن مەلۇم بولدىكى، ۋەتەن ۋە مىللەت خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتقان پەيتتە، ھەر كىم ئۆزىدە شۇ خەتەرگە قارشى تۇرالايدىغان ئىقتىدار بارلىقىنى ھېس قىلسا، باشقىلاردا ئۇنداق ئىقتىدار بولمىسا، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا يارىشا، مەخسۇس ھوقۇق ۋە مەنسەپنى تەلەپ قىلىپ ئالسا، جايىز بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام دەسلەپتىلا پادىشاھتىن ھوقۇق-مەنسەپ تەلەپ قىلمىدى، ئەمما مىسىر پادىشاھى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنى مەسلىھەتچى قىلىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ بۇ ساھەدە ۋەتەن ۋە مىللەتكە پايدىلىق خىزمەتنى قىلالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچىسى بار ئىدى.

إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٌ ﴿٥٥﴾ وَكَذَٰلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِي ٱلْأَرْضِ يَتَبَوَّأُ مِنْهَا
حَيْثُ يَشَآءُ نُصِيبُ بِرَحْمَتِنَا مَن نَّشَآءُ وَلَا نُضِيعُ أَجْرَ

ٱلۡمُحۡسِنِينَ ۝٥٦ وَلَأَجۡرُ ٱلۡأٓخِرَةِ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ
يَتَّقُونَ ۝٥٧ وَجَآءَ إِخۡوَةُ يُوسُفَ فَدَخَلُواْ عَلَيۡهِ فَعَرَفَهُمۡ وَهُمۡ لَهُۥ
مُنكِرُونَ ۝٥٨

***چۈنكى مەن ئۇنى ئوبدان ساقلايدىغان ۋە (باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان ئادەممەن① » دېدى [55]. شۇنىڭدەك، بىز يۇسۇفكە ئۇ يەردە (ئىشلارنى) خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىدىغان (شۇنداق) سالاھىيەتنى بەردۇق②، بىز رەھمىتىمىزنى خالىغان كىشىگە نېسىپ قىلىمىز، (ياخشى ئەمەللەرنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز③ [56]. ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر [57]. يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى كېلىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. يۇسۇف ئۇلارنى تونۇدى، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇنى تونۇمىدى④ [58].***

① ﴿حَفِيظٌ﴾ مەن خەزىنىنى زۆرۈر بولمىغان ئورۇنلارغا خىراجەت قىلماستىن مۇھاپىزەت قىلىمەن. ﴿عَلِيمٌ﴾ ئاشلىقنى توپلاش، ساقلاش ۋە تەقسىم قىلىشقا دائىر بىلىمنى ياخشى بىلىمەن.

② يەنى بىز يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ئىقتىدار ۋە سالاھىيەت ئاتا قىلدۇقكى، پادىشاھنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنىمۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بەلگىلەيتتى. ئۇ مىسىر زېمىنىدا، ئىنسان ئۆز ئۆيىدە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغاندەك، تەسەررۇپ قىلاتتى. نەدە خالىسا، شۇ يەردە تۇراتتى. پۈتۈن مىسىر ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى.

③ يەنى بۇ ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن كەلگەن ئەزىيەتكە سەۋر قىلغانلىقى، زۇلەيخانىڭ گۇناھقا چاقىرغان تەلىپىنى رەت قىلىشتىكى جەسۇرلىقى، زىنداندا كۆرسەتكەن غەيرىتى ۋە دەۋىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇكاپات ئىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى سېتىۋالغان ئەزىزى مىسىرنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولدى. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە پادىشاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئارقىلىق مۇسۇلمان بولغان. بەزى مۇپەسسىرلەر: مىسىر ئەزىزىنىڭ ئىسمى ئەتفىر ئىدى، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىغا ئۆتتى،

ئۇنىڭدىن ئىككى بالا تۇغدى، بىرىنىڭ ئىسمى ئىفرايىم، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مىيشا ئىدى، ئىفرايىم بولسا، يۇشەئى ئىبنى نون، ئۇ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھمىدىل ئايالىنىڭ ئاتىسى ئىدى، دەيدۇ) .تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئەمما بۇ سۆز سەھىھ رىۋايەتلەردە مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭدەك زۇلەيخانىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەنلىك ھەققىدىكى رىۋايەتمۇ توغرا ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا زۇلەيخادىن سادىر بولغان ئىشلار تۈپەيلى ئۇنىڭ بىر پەيغەمبەرنىڭ ئايالى بولۇشى مۇناسىپ ئەمەس، ئەلۋەتتە.

④ بۇ مولچىلىق يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى قۇرغاقچىلىق بولىدىغان يەتتە يىل باشلانغان مەزگىل ئىدى. قەھەتچىلىك پۈتۈن مىسىر دىيارىنى قاپلاپ، ھەتتا يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ئولتۇراقلاشقان كەنئان دىيارىغىمۇ يەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قەھەتچىلىك يىللاردىكى ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانى غەلىبە قىلىشقا باشلايدۇ، باشقا يۇرتلاردىن كىشىلەر ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرىدۇ. مىسىر پادىشاھىنىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىۋاتقانلىق خەۋىرى كەنئانغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەرمايىلىرى ۋە ئۆيدىكى قىممەتلىك بار مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ مىسىرغا كېلىدۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋالىدۇ. ئۇلار بولسا، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى تونۇيالمايدۇ.

وَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمْ قَالَ ٱئْتُونِى بِأَخٍ لَّكُم مِّنْ أَبِيكُمْ ۚ أَلَا
تَرَوْنَ أَنِّىٓ أُوفِى ٱلْكَيْلَ وَأَنَا۠ خَيْرُ ٱلْمُنزِلِينَ ﴿٥٩﴾ فَإِن لَّمْ تَأْتُونِى بِهِۦ
فَلَا كَيْلَ لَكُمْ عِندِى وَلَا تَقْرَبُونِ ﴿٦٠﴾ قَالُوا۟ سَنُرَٰوِدُ عَنْهُ أَبَاهُ
وَإِنَّا لَفَٰعِلُونَ ﴿٦١﴾ وَقَالَ لِفِتْيَٰنِهِ

***يۈسۈف ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئاتا بىر ئۇكاڭلارنى (يەنى***

***بۇنيامىننى) ئېلىپ كېلىڭلار، مېنىڭ (ئاشلىقنى) تولۇق ئۆلچەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ۋە ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟① [59]. ئەگەر ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىقىم يوق، مېنىڭ يېنىمغا يېقىن يولىماڭلار②» [60]. ئۇلار: «بىز ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ (سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە) تىرىشىمىز، بىز بۇنى چوقۇم قىلىمىز» دېدى③ [61]. يۇسۇف خىزمەتچىلىرىگە④:***

① يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنى تونۇمىغان بولۇۋېلىپ، ئۇلاردىن بىر نەچچە سوئال سورىدى، ئۇلار ئەھۋالنى بايان قىلىپ: بۇ يەرگە ئون قېرىنداش كەلدۇق، باشقا ئاتىدىن بولغان يەنە ئىككى قېرىندىشىمىزمۇ بار ئىدى، بىرى چۆلدە ئۆلۈپ كەتكەن، يەنە بىرىنى ئاتىسى كۆڭلىنى تەسەللىي تاپتۇرۇش ئۈچۈن يېنىدا ئېلىپ قالدى، بىزگە قوشۇپ ئەۋەتمىدى، دېدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام: كېلەر قېتىم ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىڭلار، ﴿مېنىڭ (ئاشلىقنى) تولۇق ئۆلچەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ۋە ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟﴾ دېدى.

② رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇلارنى قورقۇتۇپ دېدىكى، ئەگەر ئون بىرىنچى قېرىندىشىڭلارنى ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرگە يۈز-خاتىرە قىلمايمەن، ئاشلىقمۇ بەرمەيمەن.

③ يەنى بىز ئاتىمىزنى قايىل قىلىپ، ئۇنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە تىرىشىمىز، بۇ ئىشتا غەلىبە قىلىشقا ئۈمىدىمىز بار.

④ بۇ يەردىكى ﴿فِتۡيَٰنِهِ﴾ «يىگىتلەر» دېگەندىن شاھ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملار، خىزمەتچىلەر ۋە چاكارلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ٱجۡعَلُواْ بِضَٰعَتَهُمۡ فِي رِحَالِهِمۡ لَعَلَّهُمۡ يَعۡرِفُونَهَآ إِذَا ٱنقَلَبُوٓاْ إِلَىٰٓ
أَهۡلِهِمۡ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ٦٢ فَلَمَّا رَجَعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَبِيهِمۡ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا
مُنِعَ مِنَّا ٱلۡكَيۡلُ فَأَرۡسِلۡ مَعَنَآ أَخَانَا نَكۡتَلۡ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ٦٣
قَالَ هَلۡ ءَامَنُكُمۡ عَلَيۡهِ إِلَّا كَمَآ أَمِنتُكُمۡ عَلَىٰٓ أَخِيهِ مِن قَبۡلُ

فَٱللَّهُ خَيۡرٌ حَٰفِظٗاۖ وَهُوَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٦٤﴾ وَلَمَّا فَتَحُواْ مَتَٰعَهُمۡ
وَجَدُواْ بِضَٰعَتَهُمۡ رُدَّتۡ إِلَيۡهِمۡۖ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا مَا نَبۡغِيۖ هَٰذِهِۦ بِضَٰعَتُنَا
رُدَّتۡ إِلَيۡنَاۖ

*«ئۇلارنىڭ (بىزدىن ئاشلىق سېتىۋالغان) پۇل ـ ماللىرىنى يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇڭلار①، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا، ئۇنى تونۇپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېدى [62]. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغاندا: «ئى ئاتىمىز! بىزگە قايتا ئاشلىق بېرىلمەيدىغان بولدى②، ئۇكىمىز (بۇنيامىن)نى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، (شۇنداق قىلساڭ) ئاشلىق ئالالايدىكەنمىز، ئۇنى بىز چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز» دېدى [63]. (يەئقۇب) ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇ توغرىسىدا مەن ئىلگىرى سىلەرگە پەقەت ئۇنىڭ قېرىندىشى (يۈسۈف) نىڭ ئىشىدا ئىشەنگەندەك ئىشىنەمدىمەن؟③ (ئۇنى مەن پەقەت ئاللاھقىلا ئامانەت قىلىمەن) ئاللاھ ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ئۇ رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسىدۇر④» [64]. ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا (ئاشلىق سېتىۋالغان) پۇل ـ ماللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! بىز (بۇنىڭدىن ئارتۇق) يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟⑤ بۇ پۇل ـ ماللىرىمىز بىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىپتۇ،*

① بۇ بۇيەردىكى «پۇل-ماللىرى» دېگەندىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سەرمايىلىرى، پۇل-ماللىرى ۋە قىممىتى بار نەرسە-كېرەكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿رِحَالِ﴾ دېگەن ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرى مەخپىي يوسۇندا يۈك-تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇلدى، بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇلارنىڭ باشقا پۇل ـ ماللىرى بولماي قېلىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن قايتا كېلەلمەي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.

② يەنى بۇندىن كېيىنكى ئاشلىق سېتىۋېلىش بۇنيامىننى ئەۋەتىشنى شەرت قىلىدۇ، ئۇ بىللە بارمىسا، ئاشلىق بېرىلمەيدۇ. ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەنە ئىلگىرىكىدەك كۆپ ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز، بۇ

قېتىم يۈسۈفتىن ئەنسىرىگەندەك ئەندىشە قىلمىغىن، بىز ئۇنى چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز.

③ يەنى سىلەر يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىمۇ مۇشۇنداق ۋەدە قىلغان ئىدىڭلار. لېكىن نېمە قىلغىنىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئايان. ئەمدى مەن سىلەرگە قانداقمۇ ئىشىنىمەن؟

④ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇنيامىندىن ئەنسىرىسىمۇ، ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج جىددىي ۋە زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنى ئاكىلىرى بىلەن بىللە مىسىرغا ئەۋەتىشكە ماقۇل بولدى.

⑤ يەنى پادىشاھ بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلدى، بىزنى ئالاھىدە ئىززەتلىدى يەنە پۇل-ماللىرىمىزنىمۇ ئۆزىمىزگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ، بىز بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟

وَنَمِيرُ أَهۡلَنَا وَنَحۡفَظُ أَخَانَا وَنَزۡدَادُ كَيۡلَ بَعِيرٖۖ ذَٰلِكَ كَيۡلٞ
يَسِيرٞ ٦٥ قَالَ لَنۡ أُرۡسِلَهُۥ مَعَكُمۡ حَتَّىٰ تُؤۡتُونِ مَوۡثِقٗا مِّنَ ٱللَّهِ
لَتَأۡتُنَّنِي بِهِۦٓ إِلَّآ أَن يُحَاطَ بِكُمۡۖ فَلَمَّآ ءَاتَوۡهُ مَوۡثِقَهُمۡ قَالَ ٱللَّهُ عَلَىٰ
مَا نَقُولُ وَكِيلٞ ٦٦ وَقَالَ يَٰبَنِيَّ لَا تَدۡخُلُواْ مِنۢ بَابٖ وَٰحِدٖ
وَٱدۡخُلُواْ مِنۡ أَبۡوَٰبٖ مُّتَفَرِّقَةٖۖ وَمَآ أُغۡنِي عَنكُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٍۖ

***(ئۇكىمىزنى ئېلىپ يەنە بارساق) ئائىلىمىزگە ئاشلىق ئېلىپ كېلەلەيمىز، بىز ئۇكىمىزنى (ئوبدان) مۇھاپىزەت قىلىمىز، بىر تۆگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالالايمىز.① بۇ (يەنى بىر تۆگە ئاشلىق پادىشاھقا نىسبەتەن) ئازغىنە ئاشلىقتۇر» دېدى② [65]. يەئقۇب ئېيتتى: «سىلەر قورشىلىپلا قالمىساڭلار (يەنى چارىسىز ھالغا چۈشۈپلا قالمىساڭلار)③ ئۇنى (بۇنيامىننى) چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرمىگۈچە، ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن». ئۇلار (يەنى ئوغۇللىرى) ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، يەئقۇب: «بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە ئاللاھ گۇۋاھتۇر» دېدى***

*[66]. (ئــۇ يەنــە) «ئــى ئوغۇللىرىــم! (شــەھەرگە) ھەممــڭلار بىــر دەرۋازىدىــن كىرمــەي، باشــقا ـ باشــقا دەرۋازىلاردىــن كىرىــڭلار④. ئەممــا مــەن ســىلەردىن ئالالاھتىــن (كېلىدىغــان) ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمايمەن،*

① چۈنكــى ھەربىــر ئادەمگــە بىــر تۈگــە كۆتۈرەلىگــۈدەك ئاشــلىق بېرىلــەتتى. ئۇلار بۈنيامىننى ئېلىپ بارسا، بىر تۈگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالاتتى.

② بۇنىــڭ بىــر مــەنىسى: بىــر تۈگــە ئاشــلىق پادىشــاھقا نىســبەتەن ئازغىنە ئاشــلىق، ھېچنەرســە ئەمــەس. ئىككىنچــى مــەنىسى: ئېلىــپ كەلگــەن ئاشــلىق ئازغىنــە ئاشــلىقتۇر. ﴿يَسِيرٌ﴾ دېگــەن ئــاز دېمەكتــۇر، يەنــى بىــز ئېلىــپ كەلگــەن ئاشــلىق ئــاز، بۈنيامىننــى ئېلىــپ بارســاق، تېخــمۇ كــۆپ ئاشــلىق ئالالايمــىز، شۇنىــڭ بىلــەن بىزنىــڭ ئېھتىياجىمىز تېخــمۇ تولۇقلىنىــدۇ.

③ يەنــى ســىلەرگە ئومۇمــيۈزلۈك بىــر مۇســىبەت كېلىــپ ياكــى ھەممــڭلار تــەڭ ھالاكەتكــە دۇچــار بولــۇپ ياكــى زىندانغــا چۈشــۈپ قېلىــپ، ئۇنــى قۇتقۇزۇشــقا ئامالسىــز قالســاڭلار، بــۇ باشــقا گــەپ، ئــۇ چاغــدا ســىلەر ئۆزرىلىك بولغان بولىسىلەر.

④ بۈنيامىــن قاتارلىــق 11 قېرىنــداش مىســىرغا ماڭىدىغــان چاغــدا يەئقۇب ئەلەيھىســسالام ئۇلارغــا كــۆز تېگىشــتىن قورقــۇپ شــۇنداق دېگــەن ئىــدى. چۈنكــى ئۇلار بىــر ئاتىدىــن بولغــان 11 ئوغــۇل بولــۇپ، چىرايلىــق، كېلىشــكەن ۋە قــەددى ـ قامەتلىــك يىگىتلــەر ئىــدى. ئۇلار بىــرلا ۋاقىتتــا بىــر ئىشــىكتىن كىرســە، كىشــىلەر ئۇلارغــا ھەيرانلىــق ۋە ھەســەت نەزىــرى بىلــەن قاراپ قالسا، ئومۇمــەن كــۆز تېگىشــكە ســەۋەب بولاتتــى. شــۇڭا يەئقــۇب ئەلەيھىســسالام يامــان كۆزدىــن ساقلىنىــش ئۈچــۈن شــۇنداق بۇيرۇغــان ئىــدى. بۇنىــڭ مىســالى شــۇكى، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام ھەدىســتە مۇنــداق دېگــەن: «كــۆز تېگىــش راســتتۇر» (ســەھىھۇل بۇخــارى 5740 ـ ھەدىس، ســەھىھ مۇســلىم 2188 ـ ھەدىس) كــۆز تېگىشــتىن ساقلىنىــش ئۈچــۈن پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام ئۈممىتىگــە بىــر نەچچــە دۇئالارنــى تەلىــم بەرگــەن. مەســىلەن: «ســىلەرگە بىــر نەرســە چىرايلىــق كۆرۈنســە، بارىكاللاھ دەڭلار». (مۇۋەتتــەئ ئىمــام مالىــك 428 ـ بــەت، ئەلبانــى 4487 ـ ھەدىــس) «كىمگــە كــۆز تەگكــەن بولســا، كــۆزى تەگكــەن كىشــىدىن غۇســۇل قىلىشــنى تەلــەپ قىلســۇن، ئــۇ غۇســۇل قىلغــان ســۇنى بەدىنىگــە قۇيســۇن». (ســەھىھ مۇســلىم 2182 ـ ھەدىــس) يەنــە ﴿مَا شَآءَ اللَّهُ لَا

ﻗُﻮَّﺓَ ﺍِﻟَّﺎ ﺑِﺎﻟﻠّٰﻪِ﴾نى ئوقۇش قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن. (سۈرە كەھف 39-ئايەت) «يامان كۆزدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇش لازىم». (سۈنەنى تىرمىزى 2058-ھەدىس)

إِنِ ٱلْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ ۖ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ ۖ وَعَلَيْهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿٦٧﴾
وَلَمَّا دَخَلُوا۟ مِنْ حَيْثُ أَمَرَهُمْ أَبُوهُم مَّا كَانَ يُغْنِى عَنْهُم مِّنَ
ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ إِلَّا حَاجَةً فِى نَفْسِ يَعْقُوبَ قَضَىٰهَا ۚ وَإِنَّهُۥ لَذُو عِلْمٍ
لِّمَا عَلَّمْنَٰهُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٦٨﴾ وَلَمَّا دَخَلُوا۟
عَلَىٰ يُوسُفَ ءَاوَىٰٓ إِلَيْهِ أَخَاهُ ۖ قَالَ إِنِّىٓ أَنَا۠ أَخُوكَ فَلَا تَبْتَئِسْ بِمَا
كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٦٩﴾

*ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر①. مەن ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلدىم، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلسۇن!» دېدى [67]. ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە (شەھەرگە باشقا - باشقا دەرۋازىلاردىن) كىرگەندە، (بۇ تەدبىر) يەئقۇبنىڭ كۆڭلىدىكى تىلەكنى ئورۇنداشتىن باشقا ئاللاھتىن كەلگەن ھېچنەرسىنى ئۇلاردىن توسۇپ قالالمىدى②. شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەقىقەتەن ئىلىم ئىگىسى ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭغا بىز بىلدۈرگەن ئىدۇق، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ③ [68]. ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ باللىرى) يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئۇكىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ ئاكاڭ بولىمەن، ئۇلارنىڭ (بىزگە) قىلغانلىرىدىن قايغۇرمىغىن» دېدى [69].*

① يەنى بۇ يەردىكى تەكىتلەش پەقەت زاھىرىي سەۋەب، پىلان ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، گەرچە ئۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن قازا ۋە قەدەرنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، ئىنسانلار شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاخىرىدا ئىش يەنىلا ئۇنىڭ تەقدىرى بويىچە بولىدۇ.

② يەنى بۇ تەدبىر ئاللاھنىڭ قازاسىنى توسۇپ قالالمايتتى، شۇنداقتىمۇ

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بالىلىرىغا يامان كۆز تېگىشتىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى.

③ يەنى بۇ تەدبىر ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن ئىدى، يەنە «ئېھتىيات تەدبىرلىرى تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دەيدىغان ئەقىدىمۇ ئاللاھ تائالا بىلدۈرگەن ئىلىمنى ئاساس قىلاتتى، ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ.

④ بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلاردىن ھەر ئىككى ئادەم بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ تەرىقىدە بۇنيامىن يالغۇز قالغاندا، ئۇنىڭغا ئايرىم ياتاق بېرىلدى، بۇ ياتاقتا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى، خىلۋەتتە ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئۇكىسىغا سۆزلەپ بېرىپ دېدىكى، ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان قىلمىشلىرىغا قايغۇرمىغىن. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇنيامىننى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن تۈزگەن تەدبىرنى، ئەندىشىدە قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

فَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمْ جَعَلَ ٱلسِّقَايَةَ فِى رَحْلِ أَخِيهِ ثُمَّ أَذَّنَ
مُؤَذِّنٌ أَيَّتُهَا ٱلْعِيرُ إِنَّكُمْ لَسَٰرِقُونَ ﴿٧٠﴾ قَالُوا۟ وَأَقْبَلُوا۟ عَلَيْهِم
مَّاذَا تَفْقِدُونَ ﴿٧١﴾ قَالُوا۟ نَفْقِدُ صُوَاعَ ٱلْمَلِكِ وَلِمَن جَآءَ بِهِۦ
حِمْلُ بَعِيرٍ وَأَنَا۠ بِهِۦ زَعِيمٌ ﴿٧٢﴾ قَالُوا۟ تَٱللَّهِ لَقَدْ عَلِمْتُم مَّا جِئْنَا
لِنُفْسِدَ فِى ٱلْأَرْضِ وَمَا كُنَّا سَٰرِقِينَ ﴿٧٣﴾ قَالُوا۟ فَمَا جَزَٰٓؤُهُۥٓ إِن كُنتُمْ
كَٰذِبِينَ ﴿٧٤﴾

*يۇسۇف ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، بىر سۇ قاچىسىنى① ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە (تۇيدۇرماي) سېلىپ قويدى. ئاندىن بىر جاكارچى چىقىپ: «ئى كارۋانلار!② سىلەر چوقۇم ئوغرى ئىكەنسىلەر»③ دەپ توۋلىدى. [70]. (يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى) ئۇلارغا قاراپ: «نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار؟» دېدى [71]. ئۇلار: «پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان)*

***سۇ قاچىسىنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە بىر تۆگە ئاشلىق (مۇكاپات) بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى④ [72]. (يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى): «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەسمىز» ⑤دېدى [73]. ئۇلار (يەنى يۇسۇفنىڭ خىزمەتچىلىرى): «ئەگەر سىلەر يالغانچى چىقىپ قالساڭلار، ئۇ چاغدا (سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا) ئوغرىنىڭ جازاسى قانداق بولىدۇ؟» ⑥دېدى [74].***

① مۇپەسسىرلەر مۇنداق بايان قىلىدۇ: بۇ سۇ ئىچىدىغان قاچا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان ئىدى، سۇ ئىچكەندىن باشقا ئاشلىق ئۆلچەپ بېرىشكىمۇ ئىشلىتىلەتتى. بۇ قەدەھ ئۇلارغا بىلىندۈرمەستىن بۇنيامىننىڭ يۈك-تاقىسىغا سېلىپ قويۇلدى.

② ﴿الْعِيرُ﴾ ئەسلىدە ئۈستىگە ئاشلىق ئارتىلغان تۆگە، ئېشەك ۋە خېچىر قاتارلىقلارغا قارىتىلغان. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن «أَصْحَابُ الْعِيْرِ» يەنى كارۋان ئەھلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ ئۇلارنى ئوغرى دەپ ئاتاش ئۆز ئورنىدا توغرا ئىدى، چۈنكى چاقىرغۇچى بۇ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھىيلە-مىكىردىن خەۋەرسىز ئىدى ياكى ئۇنىڭ مەنىسى: سىلەر ئوغرى ئوخشايسىلەر، پادىشاھنىڭ سۇ قاچىسى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز سىلەرنىڭ يۈك-تاقاڭلارغا كىرىپ قاپتۇ، دېگەن بولىدۇ.

④ يەنى مەن شۇنداق كېپىللىك بېرىمەنكى، تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى كىم پادىشاھنىڭ قاچىسىنى بىزگە تاپشۇرسا، ئۇنىڭغا بىر تۆگە ئاشلىق مۇكاپات بېرىلىدۇ.

⑤ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى بۇ ھىيلە-مىكىردىن خەۋەرسىز ئىدى، شۇڭا ئۇلار قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكى ۋە زېمىندا پىتنە-پاسات پەيدا قىلىدىغانلاردىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى.

⑥ يەنى ئەگەر سۇ قاچىسى يۈكۈڭلاردىن چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ جازاسى نېمە بولىدۇ؟

قَالُواْ جَزَٰٓؤُهُۥ مَن وُجِدَ فِي رَحۡلِهِۦ فَهُوَ جَزَٰٓؤُهُۥۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧٥﴾ فَبَدَأَ بِأَوۡعِيَتِهِمۡ قَبۡلَ وِعَآءِ أَخِيهِ ثُمَّ ٱسۡتَخۡرَجَهَا
مِن وِعَآءِ أَخِيهِۚ كَذَٰلِكَ كِدۡنَا لِيُوسُفَۖ مَا كَانَ لِيَأۡخُذَ أَخَاهُ فِي
دِينِ ٱلۡمَلِكِ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُۚ نَرۡفَعُ دَرَجَٰتٖ مَّن نَّشَآءُۗ وَفَوۡقَ كُلِّ
ذِي عِلۡمٍ عَلِيمٞ ﴿٧٦﴾ ۞ قَالُوٓاْ إِن يَسۡرِقۡ فَقَدۡ سَرَقَ أَخٞ لَّهُۥ مِن قَبۡلُۚ

***(يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى): «ئۇنىڭ جازاسى (ئوغرىلانغان نەرسە) كىمنىڭ يۈكىدىن تېپىلسا، ئاشۇ (ئادەمنى قۇل قىلىش) ئۇنىڭ جازاسىدۇر①، (ئوغرىلىق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز②» دېدى [75]. يۇسۇف ئۇكىسىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ (يەنى ئاكىلىرىنىڭ) يۈكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇكىسىنىڭ يۈكىدىن سۇ قاچىسىنى تېپىپ چىقتى③. بىز يۇسۇفكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق④، (چۈنكى) پادىشاھنىڭ قانۇنى بويىچە ئۇ ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتتى⑤، ئاللاھ ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خالىدى. بىز خالىغان ئادەمنى (يۇسۇفنى كۆتۈرگەندەك) يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىمىز⑥، ھەربىر بىلىملىك ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىك بىرى بار⑦ [76]. ئۇلار: «ئەگەر ئۇ ئوغرىلىق قىلغان بولسا (بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس)، ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ (يەنى يۇسۇفمۇ) ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغان ئىدى⑧» دېيىشتى.***

① يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ئوغرى مالنىڭ ئىگىسىگە مەلۇم مۇددەتكىچە قۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلاتتى. شۇڭا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى شۇنداق جازا بەرسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

② بۇمۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ سۆزى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇلار: ﴿(ئوغرىلىق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴾، دېگەن. بىراق ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ﴿(چۈنكى) پادىشاھنىڭ قانۇنى

بويىچە يۇسۇف ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتتى﴾ دېگەن ئايەت ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك بۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ سۆزىدۇر.

③ ئۇ ئالدىن پىلانلانغان ئىش ئىكەنلىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئاۋۋال ئاكىلىرىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاخىرىدا بۇنيامىننىڭ يۈكىنى ئاختۇردى.

④ يەنى بىز يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي ئارقىلىق مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھەر قانداق بىر توغرا مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قارىماققا ھىيلە-مىكىرغا ئوخشايدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىش جايىزدۇر، شەرتى شۇكى، قوللانغان ئۇسۇل شەرىئەتنىڭ ھېچبىر بەلگىلىمىسىگە خىلاپ بولمىسۇن. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ يەنى مىسىر پادىشاھىنىڭ قانۇنى بويىچە بۇنيامىننى ئېلىپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇلار كارۋان ئەھلىدىن سورىدى: ئۆزۈڭلار دەپ بېقىڭلار، سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلار بويىچە ئوغرىنىڭ جازاسى قانداق بولىدۇ؟

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئۆز پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن يۇقىرى مەرتىۋە ئاتا قىلغاندەك، خالىغان كىشىلەرنى يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىدۇ.

⑦ يەنى ھەربىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە بىلىملىك يەنە بىر ئالىم بولىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئىلىم ئىگىسى مەن ھازىرقى دەۋرىدە ھەممىدىن بىلىملىك دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويماسلىقى لازىم. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ھەربىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ ئۈستىدە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى بىر زات بار، ئۇ زات بولسا ئاللاھ تائالادۇر.

⑧ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پاكلىقى ۋە يۈكسەك پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن شۇنداق دېدى. چۈنكى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇنيامىننىڭ ئانىسى باشقا بولۇپ، ئۆزلىرى بىلەن بىر قورساق قېرىنداشلاردىن ئەمەس ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر يۇسۇف ئەلەيھىسسالامۇ كىچىك ۋاقتىدا ئوغۇرلۇق قىلغان دېگەندەك ئاساسى يوق سۆزلەرنى نەقىل

قىلغان، ئۇ ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئېلىنمىغان. ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ناھايىتى ئەخلاقلىق ۋە شەرەپلىك كۆرسەتكەن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇنيامىننى كەمسىتىپ، ئوغرى ۋە ئىشەنچسىز قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان.

فَأَسَرَّهَا يُوسُفُ فِي نَفْسِهِۦ وَلَمْ يُبْدِهَا لَهُمْۚ قَالَ أَنتُمْ شَرٌّ مَّكَانًاۖ
وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا تَصِفُونَ ﴿٧٧﴾ قَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْعَزِيزُ إِنَّ لَهُۥٓ أَبًا شَيْخًا
كَبِيرًا فَخُذْ أَحَدَنَا مَكَانَهُۥٓۖ إِنَّا نَرَىٰكَ مِنَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٧٨﴾ قَالَ
مَعَاذَ ٱللَّهِ أَن نَّأْخُذَ إِلَّا مَن وَجَدْنَا مَتَٰعَنَا عِندَهُۥٓ إِنَّآ إِذًا
لَّظَٰلِمُونَ ﴿٧٩﴾ فَلَمَّا ٱسْتَيْـَٔسُواْ مِنْهُ خَلَصُواْ نَجِيًّاۖ قَالَ كَبِيرُهُمْ

***يۈسۈف بۇنى ئىچىدە ساقلىدى، ئۇلارغا چاندۇرمىدى، (ئىچىدە): «سىلەرنىڭ مەۋقەيىڭلار ئەڭ ياماندۇر①، سىلەر تەسۋىرلىگەننى (يەنى يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى توغرىسىدا قىلغان سۆزۈڭلارنىڭ يالغانلىقىنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ» دېدى [77]. ئۇلار: «ئى ئەزىز!② ھەقىقەتەن ئۇنىڭ (ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان) ياشىنىپ قالغان بىر ئاتىسى بار، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، شەكسىزكى، بىز سېنى ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن دەپ قارايمىز③» دېدى [78]. يۈسۈف: «نەرسىمىزنى يۈكىدىن تاپقان كىشىدىن باشقىسىنى ئېلىپ قېلىشىمىزدىن ئاللاھ ساقلىسۇن! (ئەگەر شۇنداق قىلساق) ئۇ چاغدا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز④» دېدى [79]. ئۇلار ئۇنىڭدىن (يەنى يۈسۈفنىڭ ماقۇل بولۇشىدىن) تامامەن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، چەترەك بىر يەرگە بېرىپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى⑤، ئۇلارنىڭ چوڭى ئېيتتى:***

① يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىنمۇ مەلۇم بولىدۇكى، ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئىلگىرى ئوغۇرلۇق قىلغان دەپ، ئوپئوچۇق يالغانچىلىق خاتالىقى سادىر قىلدى.

② ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا «ئى ئەزىز!» دەپ خىتاب قىلدى.

بۇنىڭ سەۋەبى، شۇ چاغدا بارلىق ھوقۇق يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئىدى. پادىشاھ بولسا، ئاتاقتا مىسىرنىڭ ھۆكۈمدارى ئىدى.

③ دېمىسىمۇ ئاتىسى ياشىنىپ قالغان ئىدى. لېكىن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى بۇنيامىننى قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئاتىلىرىدىن ئاڭلىغان سۆز بار ئىدى. ئەگەر بىز ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا بۇنيامىننى ئالماي بارساق، ئاتىمىز: سىلەر ئوغلۇم بۇنيامىننى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى يوقاتقاندەك يوق قىلىپسىلەر، دەيدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ، ئۇنى ياخشىلىق قىلغۇچى دەپ سۈپەتلەپ تۇرۇپ: بىزگە ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن، بۇنيامىننى قويۇپ بەرگىن، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، دېدى.

④ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق جاۋاب بېرىشتىكى مەقسىتى بۇنيامىننى ئېلىپ قىلىش ئىدى.

⑤ چۈنكى بۇنيامىننى تاشلاپ كېتىش ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى، ئاتىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا يۈزى قالمايتتى. شۇڭا ئۇلار جەم بولۇپ، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىشكە باشلىدى.

أَلَمْ تَعْلَمُوٓاْ أَنَّ أَبَاكُمْ قَدْ أَخَذَ عَلَيْكُم مَّوْثِقًا مِّنَ ٱللَّهِ وَمِن
قَبْلُ مَا فَرَّطتُمْ فِى يُوسُفَ ۖ فَلَنْ أَبْرَحَ ٱلْأَرْضَ حَتَّىٰ يَأْذَنَ لِىٓ أَبِىٓ أَوْ
يَحْكُمَ ٱللَّهُ لِى ۖ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿٨٠﴾ ٱرْجِعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَبِيكُمْ فَقُولُواْ
يَٰٓأَبَانَآ إِنَّ ٱبْنَكَ سَرَقَ وَمَا شَهِدْنَآ إِلَّا بِمَا عَلِمْنَا وَمَا كُنَّا
لِلْغَيْبِ حَٰفِظِينَ ﴿٨١﴾ وَسْـَٔلِ ٱلْقَرْيَةَ ٱلَّتِى كُنَّا فِيهَا وَٱلْعِيرَ ٱلَّتِىٓ
أَقْبَلْنَا فِيهَا ۖ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿٨٢﴾

***«ئاتاڭلارنىڭ سىلەردىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدۇرۇپ چىن ۋەدە ئالغانلىقىنى ۋە ئىلگىرى يۇسۇف توغرىسىدا كەتكۈزۈپ قويغىنىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟ ئەمدى ئاتام ماڭا رۇخسەت قىلمىغۇچە① ياكى ئاللاھ مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارمىغۇچە بۇ***

***يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر [80]. سىلەر ئاتاڭلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئېيتىڭلاركى، ئى ئاتىمىز! سېنىڭ ئوغلۇڭ (بۇنيامىن) راستىنلا (ئۇ يەردە) ئوغرىلىق قىلدى، بىز پەقەت بىلگەن نەرسىمىز ئۈستىدىلا گۇۋاھلىق بەردۇق③، بىز غەيبنى بىلمەيتتۇق④ [81]. بىز تۇرغان شەھەر (مىسىردىكىلەر) دىن ۋە بىز بىللە ماڭغان كارۋاندىن سوراپ باققىن، بىز ھەقىقەتەن راستچىلمىز⑤» [82].***

① قېرىنداشلارنىڭ چوڭى بۇ ئەھۋالدا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا پېتىنالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، كۆڭلىدىكىنى ئوچۇقلا بايان قىلدى: ئاتام ئۆزى تەكشۈرۈپ مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى ئىسپاتلىمىغۇچە ۋە قايتىشىمغا رۇخسەت قىلمىغۇچە، مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن.

② ﴿ياكى ئاللاھ مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارمىغۇچە﴾نىڭ بىر مەنىسى: مىسىر ئەزىزى بۇنيامىننى قويۇپ بېرىپ، مەن بىلەن كېتىشكە رۇخسەت قىلمىغۇچە، يەنە بىر مەنىسى: ئاللاھ تائالا ماڭا بۇنيامىننى قىلىچ بىلەن قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغۇچە.

③ بۇنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، بىز ساڭا ۋەدە بەرگەن چېغىمىزدا ئۇنى سالامەت قايتۇرۇپ كېلىمىز دەپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىلمىگە ئاساسەن ۋەدە بەرگەن ئىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ، بۇنيامىننى بىللە ئېلىپ كېلەلمىدۇق. بۇنداق بولارىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدۇق. يەنە بىر مەنىسى: «ئوغرى مالنىڭ ئىگىسىگە مەلۇم مۇددەتكىچە قۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ» دېگەن جازانىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئىلمىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يامان غەرەز يوق ئىدى. لېكىن، تەكشۈرۈشتە ئويلىمىغان يەردىن ئوغرىلانغان نەرسە بۇنيامىننىڭ يۈكىدىن چىقىپ قالدى.

④ يەنى بىز كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بىلمەيتتۇق، دېمەك بىز ساڭا ۋەدە بەرگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق.

⑤ ﴿الْقَرْيَةَ﴾ «شەھەر» دېگەندە ئۇلار ئاشلىق ئالغىلى بارغان مىسىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى مىسىر ئەھلىدىن سوراپ باققىن دېمەكچى. شۇنىڭدەك ﴿الْعِيْرُ﴾ «كارۋان» دېگەندە «أَصْحَابُ الْعِيْرِ» يەنى كارۋان ئەھلى

كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى مىسىرغا بېرىپ، مىسىر ئەھلىدىن ۋە بىز بىلەن بىللە كەلگەن كارۋان ئەھلىدىن سوراپ باققىن، بىز ساڭا ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى راست، بۇنىڭ ھېچ يالغىنى يوق.

قَالَ بَلْ سَوَّلَتْ لَكُمْ أَنفُسُكُمْ أَمْرًاۖ فَصَبْرٌ جَمِيلٌۖ عَسَى ٱللَّهُ أَن
يَأْتِيَنِي بِهِمْ جَمِيعًاۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٨٣﴾ وَتَوَلَّىٰ عَنْهُمْ
وَقَالَ يَٰٓأَسَفَىٰ عَلَىٰ يُوسُفَ وَٱبْيَضَّتْ عَيْنَاهُ مِنَ ٱلْحُزْنِ فَهُوَ
كَظِيمٌ ﴿٨٤﴾ قَالُواْ تَٱللَّهِ تَفْتَؤُاْ تَذْكُرُ يُوسُفَ حَتَّىٰ تَكُونَ حَرَضًا
أَوْ تَكُونَ مِنَ ٱلْهَٰلِكِينَ ﴿٨٥﴾

***يەئقۇب ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بىر (قەبىھ) ئىشنى چىرايلىق كۆرسىتىپتۇ①، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن②. شەكسىزكى، ئاللاھ (مېنىڭ ھالىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [83]. يەئقۇب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئاھ يۈسۈف!③» دېدى. قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى④، ئۇ تولۇپ تاشقان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان ئىدى [84]. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۈسۈفنى ئويلاۋېرىپ (ھەسرەتتىن) ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىدىغان ياكى ھالاك قىلىدىغان بولدۇڭ⑤» دېدى [85].***

① يەنە بىر مەنىسى، سىلەر بۇ سۆزنى ئۆزۈڭلار توقۇۋالغان، دېمەكتۇر. چۈنكى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئاللاھ تائالامۇ ۋەھيي ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بىلدۈرمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، مېنىڭ ئوغۇللىرىم بۈنيامىنغىمۇ يۈسۈفكە قىلغانغا ئوخشاش بىر ئىش قىلدى، يۈسۈف ھەققىدە يالغاننى توقۇغاندەك بۈنيامىن ھەققىدىمۇ يالغاننى توقۇدى، دەپ گۇمان قىلدى. ئۇلارنىڭ بۈنيامىنغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يۈسۈفنىڭ

ۋەقەسىگە قىياس قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق شەك-شۈبھىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى.

② ئەمدى ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغان ئىدى، شۇنداقلا سەۋر قىلىش بىلەن بىرگە ئۈمىدىنىمۇ ئۈزمىگەن ئىدى. ﴿جَمِيعًا﴾ «ھەممىسىنى» دېگەندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام، بۇنيامىن ۋە قايتىپ كېتىشتىن خىجىل بولۇپ، ئاتام رۇخسەت قىلمىغۇچە ياكى بۇنيامىننى بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ چىقمىغۇچە كەتمەيمەن دەپ مىسىردا قالغان چوڭ ئوغلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ يەنى بۇ يېڭى قايغۇ - ھەسرەت يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن چېكىۋاتقان كونا ھەسرىتىنى ئويغاتتى.

④ يەنى كۆزىنىڭ قارىسى غەم-قايغۇ دەستىدىن ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى.

⑤ ﴿حَرَضًا﴾ دېگەن پىراقتىن، قېرىلىقتىن ياكى ئارقا-ئارقىدىن ئىنسانىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەردىن پەيدا بولغان ۋاقىتلىق جىسمانىي ئاجىزلىقنى ياكى ئەقىل-ھوشىنى بىلمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. يۇسۇفنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەسەت ئوتى قايتىدىن ياندى ۋە ئاتىلىرىغا بۇ سۆزنى قىلدى.

قَالَ إِنَّمَآ أَشۡكُواْ بَثِّي وَحُزۡنِيٓ إِلَى ٱللَّهِ وَأَعۡلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا
تَعۡلَمُونَ ﴿٨٦﴾ يَٰبَنِيَّ ٱذۡهَبُواْ فَتَحَسَّسُواْ مِن يُوسُفَ وَأَخِيهِ وَلَا
تَاْيۡـَٔسُواْ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ لَا يَاْيۡـَٔسُ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ
ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨٧﴾ فَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَيۡهِ قَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡعَزِيزُ مَسَّنَا
وَأَهۡلَنَا ٱلضُّرُّ وَجِئۡنَا بِبِضَٰعَةٖ مُّزۡجَىٰةٖ فَأَوۡفِ لَنَا ٱلۡكَيۡلَ وَتَصَدَّقۡ
عَلَيۡنَآۖ إِنَّ ٱللَّهَ يَجۡزِي ٱلۡمُتَصَدِّقِينَ ﴿٨٨﴾ قَالَ هَلۡ عَلِمۡتُم مَّا فَعَلۡتُم
بِيُوسُفَ وَأَخِيهِ إِذۡ أَنتُمۡ جَٰهِلُونَ ﴿٨٩﴾

*يەئقۇب ئېيتتى: «مەن قايغۇ - ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا*

***ئېيتمەن، ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن① [86]. ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۇسۇفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار②، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ③» [87]. (يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى مىسىرغا قايتا كېلىپ) ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، دېدىكى④: «ئى ئەزىز! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى. (ئالدىڭغا) ناچار ئۆتمەس ماللار بىلەن كېلىپ قالدۇق⑤، سەن بىزگە (بۇرۇن بەرگەندەك) ئاشلىقنى تولۇق بەرگىن⑥، بىزگە سەدىقە (ياخشىلىق) قىلغىن⑦، چۈنكى ئاللاھ سەدىقە (ياخشىلىق) قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ» [88]. يۇسۇف: «سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۇسۇفقا ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەر قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر⑧؟» دېدى [89].***

① بۇنىڭ بىر مەنىسى، ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كۆرگەن چۈشنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ۋە ئۆزىنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. يەنە بىر مەنىسى، ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ۋە ھايات ۋاقتىدا چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

② شۇڭا ئۇ بۇ ئىشەنچىسىدىن روھلىنىپ، ئوغۇللىرىغا مۇشۇنداق بۇيرۇق قىلدى.

③ شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۇمىد بولار؟﴾. (سۈرە ھىجر 56-ئايەت) دېمەك مۇئمىنلەر ھەر قانچە ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، سەۋر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك لازىم.

④ بۇ ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى قېتىم مىسىرغا بېرىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىشى ئىدى.

⑤ يەنى ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن پۇل-ماللىرىمىز ناھايىتى ئاز ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەردۇر.

⑥ يەنى بىزنىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىمىزگە قارىمىغىن، بىزگە ئۇنىڭ بەدىلىگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن.

⑦ يەنى ئازغىنە نەرسىلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، بىزگە سەدىقە ۋە خەير-ئېھسان قىلغىن، بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق ئىزاھلايدۇ: قېرىندىشىمىز بۇنيامىننى ئازات قىلىش بىلەن بىزگە ئېھسان (يەنى ياخشىلىق) قىلغىن.

⑧ ئۇلار ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن خەير-ئېھسان ياكى قېرىندىشىنى ئازات قىلىشنى سورىدى ھەمدە ئاتىسىنىڭ ياشىنىپ، ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى، بالىسىنىڭ پىراقىدا قايغۇ-ھەسرەتكە چۆمگەنلىكىنىمۇ ئېيتتى. بۇنىڭدىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلى يۇمشاپ، كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش ئاقتى. ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەسكەرتىش بىلەن گۈزەل پەزىلىتىنى ئىزھار قىلىپ، سىلەر ئۇ ئىشلارنى قىلغان چاغدا نادان ئىدىڭلار، دېدى.

قَالُوٓاْ أَءِنَّكَ لَأَنتَ يُوسُفُۖ قَالَ أَنَا۠ يُوسُفُ وَهَٰذَآ أَخِيۖ قَدۡ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيۡنَآۖ إِنَّهُۥ مَن يَتَّقِ وَيَصۡبِرۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٩٠﴾ قَالُواْ تَٱللَّهِ لَقَدۡ ءَاثَرَكَ ٱللَّهُ عَلَيۡنَا وَإِن كُنَّا لَخَٰطِـِٔينَ ﴿٩١﴾ قَالَ لَا تَثۡرِيبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡيَوۡمَۖ يَغۡفِرُ ٱللَّهُ لَكُمۡۖ وَهُوَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٩٢﴾ ٱذۡهَبُواْ بِقَمِيصِي هَٰذَا فَأَلۡقُوهُ عَلَىٰ وَجۡهِ أَبِي يَأۡتِ بَصِيرٗا

*ئۇلار: «سەن راستىنلا يۇسۇفمۇ①؟» دېدى. ئۇ: «(ھەئە) مەن يۇسۇف، بۇ مېنىڭ ئىنىم. ئاللاھ ھەقىقەتەن بىزگە مەرھەمەت قىلدى. چۈنكى كىمكى تەقۋالىق قىلىدىكەن ۋە سەۋر قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ②» دېدى [90]. ئۇلار «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى③ [91]. يۇسۇف ئېيتتى: «بۈگۈن*

***سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر④، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن! ئۇ رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسىدۇر [92]. سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار (يېپىڭلار)، كۆزى ئېچىلىدۇ (يەنى كۆرىدىغان بولىدۇ)⑤،***

① ئۇلار مىسىر ئەزىزىنىڭ ئاغزىدىن ئۆزلىرى كىچىك ۋاقتىدا كەنئاندىكى قاراڭغۇ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلاپ ھەم ھەيران بولدى ھەم بۇ سۆزلەۋاتقان پادىشاھ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بولۇپ قالمىسۇن يەنە دەپ تېخىمۇ دىققەت بىلەن قاراشقا مەجبۇر بولدى. بۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بولمىسا، بۇ ۋەقەنى قانداق بىلىدۇ؟ دەپ ئويلىدى ۋە سەن يۈسۈفمۇ؟ دەپ سورىدى.

② يۈسۈف ئەلەيھىسسالام سوئالغا جاۋاب بېرىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-مەرھەمىتى، سەۋرچانلىق ۋە تەقۋالىقنىڭ ياخشى نەتىجىسىنىمۇ بايان قىلدى ۋە ئۇلارغا: سىلەر مېنى ئۆلتۈرۈشكە تاس قالغان ئىدىڭلار، ئاللاھ تائالا ماڭا مەرھەمەت قىلىپ قۇدۇقتىن قۇتقۇزدى، يەنە تېخى مىسىر ئەزىزى قىلدى، مانا بۇ ئاللاھ تائالا مېنى مۇۋەپپەق قىلغان سەۋرچانلىق ۋە تەقۋالىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

③ ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن شان-شەۋكەتنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

④ يۈسۈف ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەرگە خاس پەزىلىتى بىلەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى ۋە ئۇلارغا: ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، بۈگۈن سىلەرگە ھېچ مالامەت قىلىنمايدۇ، دېدى. ئۆز ۋاقتىدا مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مەككىدىكى كاپىرلار ۋە قۇرەيش كاتتىباشلىرىغا مەزكۇر سۆزلەرنى قىلىپ، گەرچە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۈرلۈك ئەزىيەت يەتكۈزگەن ھەتتا ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلغان ئىدى.

⑤ كۆڭلەكنى يۈزىگە تاشلاش بىلەن كۆزىنىڭ ساقىيىشى بىر مۆجىزە ۋە كارامەت ئىدى.

وَأْتُونِى بِأَهْلِكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٩٣﴾ وَلَمَّا فَصَلَتِ ٱلْعِيرُ قَالَ أَبُوهُمْ إِنِّى
لَأَجِدُ رِيحَ يُوسُفَ ۖ لَوْلَآ أَن تُفَنِّدُونِ ﴿٩٤﴾ قَالُوا۟ تَٱللَّهِ إِنَّكَ لَفِى
ضَلَٰلِكَ ٱلْقَدِيمِ ﴿٩٥﴾ فَلَمَّآ أَن جَآءَ ٱلْبَشِيرُ أَلْقَىٰهُ عَلَىٰ وَجْهِهِۦ
فَٱرْتَدَّ بَصِيرًا ۖ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّىٓ أَعْلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا
تَعْلَمُونَ ﴿٩٦﴾ قَالُوا۟ يَٰٓأَبَانَا ٱسْتَغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَآ إِنَّا كُنَّا خَٰطِـِٔينَ ﴿٩٧﴾
قَالَ سَوْفَ أَسْتَغْفِرُ لَكُمْ رَبِّىٓ ۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٩٨﴾

***پۈتۈن ئائىلەڭلەردىكىلەرنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار»① [93]. كارۋان (مىسىردىن) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى (يېنىدىكىلەرگە): «مەن ھەقىقەتەن يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، ئەگەر سىلەر مېنى ئالجىپ قاپتۇ دېمەيدىغان بولساڭلار (مەن ئۇنى ھايات دەيتتىم)② » دېدى [94]. ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ يېنىدىكىلەر): «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن تېخىچە بۇرۇنقى قايمۇقۇشۇڭدا ئىكەنسەن»③ دېدى [95]. خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇبنىڭ يۈزىگە تاشلىۋىدى، دەرھال ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى④ ، يەئقۇب: «مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ بىلدۈرىشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم» ⑤ دېدى [96]. ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بىزگە (ئاللاھتىن) مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى بىز راستتىنلا گۇناھكارلاردىن بوپتىمىز» دېيىشتى [97]. يەئقۇب: «پات يېقىندا پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن⑥ . ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېدى [98].***

① يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى مىسىرغا كېلىشكە دەۋەت قىلدى.

② بۇ تەرەپتە كارۋان مىسىردىن كۆڭلەكنى ئېلىپ يولغا چىقتى، ئۇ تەرەپتە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرەپتىن بولغان بىر مۆجىزە سۈپىتىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇشبۇي ھىدى كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، ئاللاھ تەرەپتىن مەلۇمات كەلمىسە، ئاللاھنىڭ

پەيغەمبىرىمۇ، ئۆزى تونۇۋاتقان شەھەرگە تەۋە قۇدۇقتىكى ئوغلىنىڭ خەۋىرىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىسا، مىسىردەك يىراق جايدىنمۇ، ئوغلىنىڭ خۇشبۇي ھىدى كېلىدۇ.

③ ﴿ضَلَٰلِ﴾ «قايمۇقۇش» دېگەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ۋە يىراق ئۆتىدا بىگانە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى نەۋرىلىرى ۋە باشقىلار: سەن تېخىچە بۇرۇنقى خاتالىقىڭدا يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدە تۇرۇپسەن، شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئۇنى ياخشى كۆرۈش دىلىڭدىن كەتمەپتۇ، دېدى.

④ يەنى خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى كېلىپ، كۆڭلەكنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە تاشلىغان (ياپقان) چاغدا، مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ كۆزى ئەسلىگە كەلدى.

⑤ چۈنكى مەن ۋەھيي ئارقىلىق سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن. دېمەك ئاللاھ تائالا شارائىت ۋە كەلتۈرىدىغان پايدا-زىيانغا قاراپ، ۋەھيي ئارقىلىق پەيغەمبەرلىرىنى ئۆزى خالىغان مەلۇماتلار بىلەن ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

⑥ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام دەرھال دۇئا قىلماستىن «پات يېقىندا» يەنى كېيىنرەك دۇئا قىلىشقا ۋەدە قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت دۇئا قىلىشنى كېچىنىڭ ئۆچتىن بىرى قالغان چاغدىكى ئاللاھ تائالا خاس بەندىلىرىنىڭ دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت قىلىدىغان ۋاقىتقا كېچىكتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى بۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۇنىڭدىن بىر مەسلىھەت سوراش لازىم دەپ قاراپ، دەرھال دۇئا قىلماي، ئۇنى كېچىكتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

فَلَمَّا دَخَلُوا۟ عَلَىٰ يُوسُفَ ءَاوَىٰٓ إِلَيْهِ أَبَوَيْهِ وَقَالَ ٱدْخُلُوا۟ مِصْرَ إِن
شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ ﴿٩٩﴾ وَرَفَعَ أَبَوَيْهِ عَلَى ٱلْعَرْشِ وَخَرُّوا۟ لَهُۥ سُجَّدًا ۖ
وَقَالَ يَٰٓأَبَتِ هَٰذَا تَأْوِيلُ رُءْيَٰىَ مِن قَبْلُ قَدْ جَعَلَهَا رَبِّى حَقًّا ۖ
وَقَدْ أَحْسَنَ بِىٓ إِذْ أَخْرَجَنِى مِنَ ٱلسِّجْنِ وَجَآءَ بِكُم مِّنَ ٱلْبَدْوِ

مِنۢ بَعۡدِ أَن نَّزَغَ ٱلشَّيۡطَٰنُ بَيۡنِي وَبَيۡنَ إِخۡوَتِيٓۚ إِنَّ رَبِّي لَطِيفٞ لِّمَا يَشَآءُۚ

*ئۇلار يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئاتا - ئانىسىنى قۇچاقلىدى① ۋە: «ئاللاھ خالىسا، مىسىرغا ئامان - ئېسەن كىرىڭلار!» دېدى [99]. (يۇسۇف) ئاتا - ئانىسىنى تەختتە (يېنىدا) ئولتۇرغۇزدى②، ئۇلار (ھەممىسى) يۇسۇفكە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىشتى③. ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر④. پەرۋەردىگارىم ئۇ چۈشۈمنى ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. شەيتان قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى بۇزغاندىن كېيىن⑤، پەرۋەردىگارىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش⑥ ۋە سىلەرنى سەھرادىن⑦ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى، پەرۋەردىگارىم خالىغىنىنى (ئىشقا ئاشۇرۇشقا) ھەقىقەتەن تەدبىرلىكتۇر،*

① يەنى ئىززەت-ئېكرام بىلەن ئۇلارغا ئۆز يېنىدىن جاي بەردى ۋە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈردى.

② بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەي ئانىسى بولۇپ، ئانا تەرەپ ھامىمىسى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى بۇنيامىننىڭ تۇغۇلۇشىدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىغا ئالغان. مانا مۇشۇ ھامىمىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن مىسىرغا كەلگەن ئىدى. (فەتھۇلقەدىر) ئەمما ئىمام ئىبنى جەرىر: ئۇنىڭ ئەكسىچە: ئۇنىڭ ئانىسى ھايات ئىدى، مىسىرغا كەلگىنى دەل ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى ئىدى، دەپ تەپسىر قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ بەزى كىشىلەر بۇ ئايەتنى، «ئۇلار ئەدەپ ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تازىم قىلدى» دەپ تەرجىمە قىلغان لېكىن ﴿وَخَرُّواْ لَهُۥ سُجَّدٗاۖ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ لەۋزى ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدى دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، يەنى بۇ سەجدە ئەلۋەتتە سەجدە مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق بۇ ئىبادەت سەجدىسى ئەمەس، ھۆرمەت سەجدىسىدۇر. ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىش يەئقۇب

ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە جايىز ئىدى. ئىسلامدا شېرىكنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن، ھۆرمەت سەجدىسىمۇ ھارام قىلىندى، شۇڭا ھازىر ھېچكىمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىش جايىز بولمايدۇ.

④ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرى تالاي مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشتى. ئاللاھ تائالا ئۇنى شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى، ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سەجدە قىلدى.

⑤ يەنە قېرىنداشلىرىنى ئازراقمۇ خىجالەتتە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن گۇناھنى ئۇلارغا يۈكلىمەي، سەۋەبكار بولغان شەيتانغا يۈكلىگەنلىكىمۇ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىكى ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

⑥ قېرىنداشلىرىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن «قۇدۇقتىن چىقارغانلىق» نېمىتىنى تىلغا ئالمىدى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەخلاقىدۇر.

⑦ مىسىردەك شەھەرلەشكەن چوڭ بىر مەملىكەتكە سېلىشتۇرغاندا كەنئان بىر سەھرا ھېسابلىناتتى، شۇڭا بۇ يەردە ﴿ٱلۡبَدۡوِ﴾ «سەھرا» دېگەن سۆز ئىشلىتىلدى.

إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٠٠﴾ ۞ رَبِّ قَدۡ ءَاتَيۡتَنِي مِنَ ٱلۡمُلۡكِ
وَعَلَّمۡتَنِي مِن تَأۡوِيلِ ٱلۡأَحَادِيثِۚ فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ أَنتَ
وَلِيِّۦ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ تَوَفَّنِي مُسۡلِمٗا وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠١﴾
ذَٰلِكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلۡغَيۡبِ نُوحِيهِ إِلَيۡكَۖ وَمَا كُنتَ لَدَيۡهِمۡ إِذۡ أَجۡمَعُوٓاْ
أَمۡرَهُمۡ وَهُمۡ يَمۡكُرُونَ ﴿١٠٢﴾

***چۈنكى، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [100]. ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىقتىن (نېسىۋە) ئاتا قىلدىڭ①، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ②، ئى***

***ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! سەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، جېنىمنى مۇسۇلمان پېتىمچە ئالغىن، مېنى ياخشى كىشىلەر قاتارىغا قوشقىن③» دېدى [101]. (ئى پەيغەمبەر!) مانا بۇلار (يەنى يۇسۇف قىسسىسى) غەيب خەۋەرلىرىدىن بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھىي قىلىۋاتىمىز. ئۇلار (يەنى يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى) ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئىشلىرىنى قارارلاشتۇرغاندا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ④ [102].***

① يەنى ئىلگىرى بايان قىلىنغانىدەك ئۇ مىسىرنىڭ ئەزىزى، شاھنىڭ ۋەزىرى بولغان ئىدى.

② يۇسۇف ئەلەيھىسسالامۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىدى، ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھىي نازىل بولاتتى، ئۇنىڭغا خاس ئىلىم ۋە ئالاھىدە مەلۇماتلار بىلدۈرۈلەتتى. پەيغەمبەرگە خاس بىلىملەردىن يەنە چۈشكە تەبىر بېرىش ئىلىمىنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا چۈشكە توغرا تەبىر بېرەلەيتتى. ئۇ چۈشكە تەبىر بېرىشتە ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە ئىدى، مەسىلەن، ئۇ زىندانداشلىرىنىڭ چۈشىگە ۋە پادىشاھنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى كۆرگەن چۈشىگە توغرا تەبىر بەردى.

③ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانىڭ باشقا سۈپەتلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ تىلىكى: ماڭا ئۆلۈم كەلگەندە مېنى مۇسۇلمان ھالىتىمدە ۋاپات قىلغىن ۋە مېنى «ياخشى كىشىلەر» قاتارىغا قوشقىن، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يەردىكى «ياخشى كىشىلەر» يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئىبراھىم ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالاملارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام «ئۆز ئۆلۈمىنى تىلەپ» دۇئا قىلغان بولسا كېرەك، دەپ خاتا چۈشەنگەن، ھالبۇكى بۇ ئۆلۈم تىلەپ قىلغان دۇئا ئەمەس، بەلكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى تىلەپ قىلغان دۇئادۇر.

④ يەنى بۇ يەردە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىۋاتىدۇ: ئى پەيغەمبەر! يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قېرىنداشلىرى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ كەلگەندە، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدىڭ ياكى

ئۇلار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا يالغان ئېيتىپ، يۇسۇفنى بۆرە يەپ كەتتى دەپ، قانغا مىلەنگەن كۆڭلەكنى ئېلىپ كەلگەندە، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدىڭ يەنى ئۇ ئىشلارنى سەن ئىلگىرى بىلمەيتتىڭ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەمما بۇنىڭ مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇتلەق ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەھيى ئارقىلىق مەزكۇر ۋەقەلەردىن ۋاقىپلاندۇردى. بۇ يەردىكى مەنپىي جۈملە كۆز بىلەن كۆرگەنلىكنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن، يەنى سەن ئۇ يەردە يوق ئىدىڭ. شۇنىڭدەك يەنە سەن بۇ ۋەقەنى باشقىلاردىن ياققانمۇ ئەمەس. بۇ غەيب خەۋەرنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى ساڭا ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈردى، بۇ سېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنىڭ دەلىلىدۇر، چۈنكى ساڭا ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيى نازىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىر قانچە سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى كۆزى بىلەن كۆرمىگەنلىكىنى بايان قىلدى. (مەسىلەن: سۈرە ئال ئىمران 7-، 44-، سۈرە قەسەس 45-، 46-، سۈرە ساد 69-، 70-ئايەتلەرگە قارالسۇن)

وَمَآ أَكۡثَرُ ٱلنَّاسِ وَلَوۡ حَرَصۡتَ بِمُؤۡمِنِينَ ﴿١٠٣﴾ وَمَا تَسۡـَٔلُهُمۡ عَلَيۡهِ
مِنۡ أَجۡرٍۚ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠٤﴾ وَكَأَيِّن مِّنۡ ءَايَةٖ فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ يَمُرُّونَ عَلَيۡهَا وَهُمۡ عَنۡهَا مُعۡرِضُونَ ﴿١٠٥﴾ وَمَا
يُؤۡمِنُ أَكۡثَرُهُم بِٱللَّهِ إِلَّا وَهُم مُّشۡرِكُونَ ﴿١٠٦﴾

*سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ تولىسى - سەن ھېرىسمەن بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ① [103]. سەن بۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننى يەتكۈزگەنلىكىڭگە) ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايسەن②، ئۇ (قۇرئان) پەقەت دۇنيا ئەھلى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر③ [104]. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر باركى، ئۇلار ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ④ [105]. ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، ئىشەنگەندىمۇ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرىدۇ⑤ (يەنى*

*ئاللاھنى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ) [106].*

① يەنى ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى ئىبرەت ئالسۇن، پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ، مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا ئېرىشىشكە لايىق بولسۇن دەپ، سېنى ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن ۋاقىپلاندۇردى، شۇنداق تۇرۇقلۇق كىشىلەرنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ۋەقەلىرىنى تىڭشايدۇ، ئەمما ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈنلا تىڭشايدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئىماندىن مەھرۇم قالىدۇ.

② ئۇلارنىڭ سېنى پۇل-مال توپلاش ئۈچۈن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلدى دەپ شۈبھىلەنگىدەك، قۇرئاننى يەتكۈزگەنلىكىڭگە ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايسەنكى.

③ يەنى قۇرئان كەرىم-پۈتۈن دۇنيا ئەھلى توغرا يول تاپسۇن، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈزىسۇن ۋە ئىسلاھ قىلسۇن دەپ كەلگەن ۋەز-نەسىھەتتۇر. ئەمدى دۇنيا ئادەملىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇنىڭدىن ھىدايەت تاپمىسا، بۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقى ۋە بەختسىزلىكىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەقىقەتتە دۇنيا ئەھلىگە ھىدايەت ۋە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەندۇر. «كۈندۈزدە كۆزلۈك كۆرمىسە، قۇياشتا نېمە گۇناھ؟» (گۈلىستان-سەئدى)

④ ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى، ئۇلاردىكى چەكسىز مەۋجۇدات ئۇلارنى يوقتىن بار قىلغان بىر ياراتقۇچىغا ۋە باشقۇرۇپ تۇرغۇچىغا دالالەت قىلىدۇكى، ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى پۈتۈن كائىناتنى ئۆز ئوربېتىسىدا بىر خىل تۈزۈمدە ماڭدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ كائىناتتىكى مەۋجۇداتلار ئارىسىدا سوقۇلۇپ كېتىش ياكى چۇشۇپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدۇ. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇلار ئارقىلىق رەببىنى تونۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىمەيدۇ.

⑤ مانا بۇ قۇرئان كەرىم كۆپ ئايەتلەردە ئېنىق بايان قىلغان ھەقىقەت بولۇپ، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانى ئاسمان-زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى،

ئىگىسى، رىزىق بەرگۈچى، ھەممىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى دەپ تونۇيدۇ. لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىبادەتتە ئاللاھ تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىۋالىدۇ، شۇ تەرىقىدە كۆپ كىشىلەر مۇشرىك بولىدۇ، يەنى ھەر دەۋردە كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ پەرۋەردىگارلىقتا يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ كەلگەن ئەمما ئاللاھ تائالانى ئىلاھلىقتا يەككە-يېگانە دەپ قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغان. بۇگۈنكى مازارغا چوقۇنغۇچىلارمۇ ئەنە شۇلارغا ئوخشاش شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئۇلار مازارغا كۆمۈلگەن بۇزرۇكلارنى ئۇلۇغلاپ، ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلەيدۇ، يەنە ئىبادەت نامىدا ئۇلار ئۈچۈن ھەر خىل مۇراسىملارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇلاردىن ساقلىسۇن.

أَفَأَمِنُوٓاْ أَن تَأۡتِيَهُمۡ غَٰشِيَةٞ مِّنۡ عَذَابِ ٱللَّهِ أَوۡ تَأۡتِيَهُمُ ٱلسَّاعَةُ
بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ١٠٧ قُلۡ هَٰذِهِۦ سَبِيلِيٓ أَدۡعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِۚ عَلَىٰ
بَصِيرَةٍ أَنَا۠ وَمَنِ ٱتَّبَعَنِيۖ وَسُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١٠٨
وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ إِلَّا رِجَالٗا نُّوحِيٓ إِلَيۡهِم مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡقُرَىٰٓۗ
أَفَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِهِمۡۗ وَلَدَارُ ٱلۡأٓخِرَةِ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ١٠٩

***ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ قورشىغۇچى (ئومۇمىي) ئازابلىرىدىن بىر ئازابنىڭ چۈشۈشىدىن ياكى ئۆزلىرى سەزمەستىن قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولدىمۇ؟ [107]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، مەن (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىل - ئىسپاتقا ئاساسلىنىمىز①. ئاللاھ پاكتۇر②، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن» [108]. بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيي نازىل قىلدۇق③، ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە كېزىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار***

*ئۇچۇن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. سىلەر تېخىچە ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ [109].*

① يەنى بۇ تەۋھىد يولى مېنىڭ يولۇمدۇر، ھەتتا بۇ ئىلگىرىكى ھەربىر پەيغەمبەرنىڭمۇ يولى بولۇپ كەلگەن. مەن ۋە مېنىڭ چاقىرىقىمغا ئاۋاز قوشقانلار ئىنسانلارنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىشتا ئەقلىي پاكىت ۋە شەرئىي دەلىللەرگە ئاساسلىنىمىز.

② مەن ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە مۇقەددەسلىكىنى بايان قىلىمەن، ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، ئۇنىڭغا ئوخشاش ھېچبىر ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ ۋەزىرى ۋە مەسلىھەتچىسى يوق، ئايالى ۋە باللىرى يوق، ئۇ ھەممە ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر.

③ بۇ ئايەتتىن يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەقەت ئەرلەر بولغانلىقى ۋە ئاياللاردىن پەيغەمبەر بولمىغانلىقىغا دەلىل چىقىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ پەيغەمبەرلەر شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئىدى. ﴿ٱلْقُرَىٰٓ﴾ دېگەن «قَرْيَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى يېزا، ناھىيە، شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى سەھرالىق (چەت يېزىلاردىن) ئەمەس ئىدى. چۈنكى سەھرادا ياشايدىغانلارنىڭ تەبىئىتى شەھەردىكىلەرگە قارىغاندا قوپالراق ۋە توڭراق كېلىدۇ، شەھەرلىكلەر بىر قەدەر يۇمشاق، ھايالىق، ئەخلاقلىق كېلىدۇ، بۇ خىسلەتلەر پەيغەمبەر ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

حَتَّىٰٓ إِذَا ٱسْتَيْـَٔسَ ٱلرُّسُلُ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمْ قَدْ كُذِبُواْ جَآءَهُمْ نَصْرُنَا
فَنُجِّىَ مَن نَّشَآءُ ۖ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُنَا عَنِ ٱلْقَوْمِ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١١٠﴾ لَقَدْ
كَانَ فِى قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ ۗ مَا كَانَ حَدِيثًا يُفْتَرَىٰ
وَلَٰكِن تَصْدِيقَ ٱلَّذِى بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلِّ شَىْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً
لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿١١١﴾

*ھەتتا پەيغەمبەرلەر ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغان① ۋە (قەۋمىنىڭ*

***ئادەملىرى) ئۆزلىرىگە (ئازاب) يالغان ۋەدە قىلىنغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ تۇرغان چاغدا② ، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى③ ، بىز خالىغان كىشىلەر قۇتقۇزۇلدى④ ، بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ [110]. ئۇلارنىڭ (يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. (بۇ قۇرئان) توقۇپ چىقىرىلغان سۆز ئەمەس. بەلكى، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن (ساماۋى كىتابلار) نى تەستىقلىغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى تەپسىلي بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر⑤ [111].***

① يەنى پەيغەمبەرلەر قەۋملىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە مەيۇسلەنگەن چاغدا.

② مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى ﴿كُذِبُوٓا﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئوقۇلۇشىدىكى پەرق ئېتىبارى بىلەن ئايەتنىڭ بىر قانچە خىل مەنىلىرىنى بايان قىلغان، بۇ مەنىلەر ئىچىدە مۇناسىپ كۆرۈلگىنى شۇكى، ﴿ظَنُّوٓا﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسىنى قەۋمنىڭ ئادەملىرى يەنى كاپىرلار دەپ ئېلىشتۇر. يەنى كاپىرلار باشتا ئازابنىڭ قەھرىدىن قورققان، لېكىن ئازاب كەلمەي، كۆپ كېچىكىپ كەتكەنلىكتىن، ئەمدى ئازاب كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ خىيال قىلغان، يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۆزى يالغان ئوخشىمامدۇ، ئازابنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، پەيغەمبەرلەرگە يالغان ۋەدە قىلىندىمۇ يا؟ دېگەندەك گۇمانلاردا بولغان. مەقسەت بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللي بېرىشتۇر، ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە كېلىدىغان ئازاب كېچىكىپ قېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن ئەنسىرەشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئىلگىرىكى قەۋملەرگىمۇ ئازاب ناھايىتى كېچىكىپ كەلگەن، ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرى ۋە ئىرادىسىگە ئاساسەن ئۇلارغا ئۇزۇن مۆھلەت بېرىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ قەۋملىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە كىشىلەر بەلكىم ئازاب كېلىدىغانلىقى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. ئۈمىدسىزلىك ئۇلارنى شۇ قەدەر خەۋپلىك ۋەسۋەسە ۋە ئەندىشىگە ئېلىپ بارغاندا، بىزنىڭ نۇسرىتىمىز كەلدى، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى شۇبھىلەر يوقالدى.

③ بۇ ئايەت ئەسلىدە ئىتائەتسىز بەندىلەرگە بېرىلىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ مۆھلەت قانۇنىيىتىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا

پەيغەمبەرلىرىنىڭ خاھىشىغا باقماستىن ھەددىدىن زىيادە مۆھلەت بېرىۋېتىدۇ، ھەتتا بەزىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئازابنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئازاب كېلىدىغانلىقى يالغانمىدۇ دېگەندەك خىيالغا كېلىپ قالىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇنداق خىياللارنى قىلىش ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ.

④ بۇ يەردىكى قۇتقۇزۇلغان كىشىلەر پەقەت مۆئمىنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

⑤ يەنى بۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا قەۋملەرنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان قۇرئان توقۇلغان سۆز ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى كىتابتۇر. ئۇنىڭدا دىنغا ئالاقىدار بارلىق مۇھىم ئىشلار ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغاندۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.

# سۈره رەئد

| (١٣) سورة الرعد مدنية ٤٣ آية | (13) سۈره رەئد مەدىنىدە چۈشكەن 43 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓمٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِۗ وَٱلَّذِيٓ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَ ٱلۡحَقُّ
وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤۡمِنُونَ ١ ٱللَّهُ ٱلَّذِي رَفَعَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
بِغَيۡرِ عَمَدٖ تَرَوۡنَهَاۖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ
وَٱلۡقَمَرَۖ كُلّٞ يَجۡرِي لِأَجَلٖ مُّسَمّٗىۚ يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَ يُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ
لَعَلَّكُم بِلِقَآءِ رَبِّكُمۡ تُوقِنُونَ ٢

***ئەلىف، لام، مىم، را. بۇلار كىتاب (يەنى قۇرئان) نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (بۇ قۇرئان) ھەقتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ [1]. ئاللاھ سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ئېگىز ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىگەن①، كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان***

*ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ②، ئاللاھ (ئۆز ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن) مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلي بايان قىلىدۇ [2].*

① ئەرش ئۈستىگە ئۆرلەش توغرىسىدىكى ئۇقۇم ئىلگىرى بايان قىلىنىپ بولغان ئىدى. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەرش ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە قارار ئالغان دېگەن مەنە چىقىدۇ. مانا بۇ ھەدىسشۇناسلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر، ئۇلار بۇنى ئىزاھلىمايدۇ. بىر تۈركۈم پىرقىلەر بۇنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ باشقا ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئىزاھلايدۇ. ئەمما ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بايان قىلىشقا بولمايدۇ، ھەمدە ئۇنى ھېچنەرسىگە ئوخشىتىشقا ھەم بولمايدۇ. ﴿ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾. (سۈرە شۇرا 11-ئايەت)

② بۇ جۈملىنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، كۈن بىلەن ئاي بەلگىلەنگەن مۇددەتكە قەدەر يەنى قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن سەير قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾. (سۈرە ياسىن 38-ئايەت) يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئاي ۋە كۈن ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ مەنزىلىنى سەير قىلىپ تۇرىدۇ. يەرشارىنىڭ كۈن ئەتراپىنى ئايلىنىشىغا بىر يىل كېتىدۇ، ئاينىڭ يەرشارى ئەتراپىنى ئايلىنىشىغا بىر ئاي كېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق﴾. (سۈرە ياسىن 39-ئايەت) كائىناتتا چەكسىز سەييارە يۇلتۇزلار بولسىمۇ، بۇ ئايەتتە ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان پايدىسى زور بولغان كۈن بىلەن ئاي تىلغا ئېلىنىدى. كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان يەردە باشقا يۇلتۇزلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى تەبىئىي. بۇ سەييارىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان ئىكەن، ئۇلار مەبۇد بولالمايدۇ، پەقەت ئۇلارنى بويسۇندۇرغۇچى مەبۇد بولالايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت

ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 37 ـ ئايەت) ﴿قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرىدىغان قىلىپ ياراتقان ئاللاھتۇر﴾. (سۈرە ئەئراف 54 ـ ئايەت).

وَهُوَ ٱلَّذِى مَدَّ ٱلْأَرْضَ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِىَ وَأَنْهَٰرًا ۖ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ جَعَلَ فِيهَا زَوْجَيْنِ ٱثْنَيْنِ ۖ يُغْشِى ٱلَّيْلَ ٱلنَّهَارَ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٣﴾ وَفِى ٱلْأَرْضِ قِطَعٌ مُّتَجَٰوِرَٰتٌ وَجَنَّٰتٌ مِّنْ أَعْنَٰبٍ وَزَرْعٌ وَنَخِيلٌ صِنْوَانٌ وَغَيْرُ صِنْوَانٍ يُسْقَىٰ بِمَآءٍ وَٰحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَىٰ بَعْضٍ فِى ٱلْأُكُلِ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿٤﴾

*ئۇ زېمىننى (ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ يايغان، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تاغلارنى ۋە دەريالارنى بەرپا قىلغان①، ئۇنىڭدا يەنە مېۋىلەردىن ھەربىر تۈرنى جۈپ (ئىككى يەنى ئەركەك ـ چىشى قىلىپ) ياراتقان زاتتۇر②، ئۇ كۈندۈزنى كېچە بىلەن يېپىپ تۇرىدۇ (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى ياپىدۇ). شەكسىزكى، بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [3]. يەر يۈزىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن (پارچە) يەرلەر③، ئۈزۈملۈك باغلار، شاخلىغان ۋە شاخلىمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار④، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، (ئەمما ئۇلارنىڭ) بەزىسىنى بەزىسىدىن تەملىك قىلىمىز⑤، شەكسىزكى، بۇلاردا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [4].*

① زېمىن يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىنى ئۆلچەش ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن مۈشكۈلدۇر. ئاللاھ تائالا يەر يۈزىنى ئىنتايىن كەڭ

يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئېگىز تاغلارنى قوزۇق قىلدى، ئۇنىڭدا دەريالارنى، ئۆستەڭلەرنى ۋە بۇلاقلارنى ياراتتى، ئۇلاردىن چىققان سۇنى ئىنسانلار ئىچىدۇ ۋە زىرائەتلىرىنى سۇغۇرىدۇ، شۇ سۇ بىلەن رەڭگى، شەكلى ۋە تەمى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر ۋە زىرائەتلەر ئۈنىدۇ.

② بۇنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا مېۋىلەرنى ئەركەك-چىشىدىن ئىبارەت بىر جۈپ قىلىپ ياراتتى، ھازىرقى تەتقىقاتلارمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر مەنىسى، جۈپلۈق قىلىپ ياراتتى يەنى ئاللاھ تائالا مېۋىلەرنى ئاچچىق-تاتلىق، ئىسسىق-سوغۇق، ئاق-قارا، تەملىك-تەمسىز، ھەر خىل ۋە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە ياراتتى.

③ ﴿مُتَجَٰوِرَٰتٌ﴾ بىر-بىرىگە يېقىن، تۇتىشىپ كەتكەن، يەنى زېمىننىڭ بەزى يەرلىرى مۇنبەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل مول-ھوسۇل چىقىدۇ، بەزى يەرلىرى شورلۇق بولۇپ، ئۇ يەرلەردىن ھېچقانداق زىرائەت ئۈنمەيدۇ.

④ ﴿صِنْوَانٌ﴾نىڭ بىر مەنىسى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن دەرەخلەر. ﴿غَيْرُ صِنْوَانٍ﴾ ئايرىم-ئايرىم گىرەلەشمىگەن دەرەخلەرنى كۆرسىتىدۇ، يەنە بىر مەنىسى، ئانار، ئەنجۈر، خورما دەرەخلىرىگە ئوخشاش غولى بىر، شاخلىرى كۆپ دەرەخلەرنى كۆرسىتىدۇ. ﴿غَيْرُ صِنْوَانٍ﴾ بىر غوللۇق، شاخلىرى كۆپ بولمىغان دەرەخلەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ يەنى زېمىن بىر، سۇ ۋە ھاۋا بىر خىل لېكىن ئۇنىڭدىن چىققان زىرائەت ۋە مېۋىلەر ھەر خىل بولۇپ، تەمى ۋە شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

۞ وَإِن تَعْجَبْ فَعَجَبٌ قَوْلُهُمْ أَءِذَا كُنَّا تُرَٰبًا أَءِنَّا لَفِى خَلْقٍ
جَدِيدٍ ۗ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِرَبِّهِمْ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ ٱلْأَغْلَٰلُ فِىٓ
أَعْنَاقِهِمْ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٥﴾
وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِٱلسَّيِّئَةِ قَبْلَ ٱلْحَسَنَةِ وَقَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِمُ
ٱلْمَثُلَٰتُ ۗ وَإِنَّ رَبَّكَ لَذُو مَغْفِرَةٍ لِّلنَّاسِ عَلَىٰ ظُلْمِهِمْ ۖ وَإِنَّ رَبَّكَ
لَشَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٦﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر (بىرەر نەرسىدىن) ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، كاپىرلارنىڭ: «بىز (ئۆلۈپ) توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن يېڭىدىن تىرىلەمدۇق؟① » دېگەن سۆزى ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىكتۇر. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (قىيامەت كۈنى) بويۇنلىرىغا تاقاقلار سېلىنىدىغانلاردۇر، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [5]. (يەنە بىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش شۇكى) ئۇلار سەندىن ياخشىلىقتىن ئىلگىرى يامانلىقنىڭ (يەنى جازانىڭ) چاپسانراق چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆرگەن (ئىبرەتلىك) جازالار )نىڭ مىساللىرى) ئۆتتى② (ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇلاردىن ئىبرەت ئالمايدۇ؟). ئىنسانلار يولسىزلىق قىلسىمۇ③، (تەۋبە قىلسىلا) پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت ئىگىسىدۇر. (تەۋبە قىلمىسا) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى تولىمۇ قاتتىقتۇر④ [6].***

① شەيئىلەرنى دەسلەپتە يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن زات ئۈچۈن ئۇنى يېڭىدىن يارىتىش ھەرگىز قىيىن ئەمەستۇر. لېكىن كاپىرلارنىڭ: ﴿بىز (ئۆلۈپ) توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن يېڭىدىن تىرىلەمدۇق؟﴾ دېگەن سۆزى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر.

② يەنى ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن جازا بىلەن ھالاك بولغان بىر نەچچە قەۋم ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مىساللىرى ئىلگىرى ئۆتتى، شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار ئازابنىڭ تېزراق كېلىشىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ بۇ سۆز كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرگە: ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى كەلتۈرگىن، دېگەن سۆزىگە بېرىلگەن جاۋابتۇر.

③ يەنى ئىنسانلار يولسىزلىق بىلەن، گۇناھ ئىشلارنى سادىر قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ، بەزىدە شۇ قەدەر ئۇزۇن مۆھلەت بېرىدۇكى، ھەتتا جازانى كېچىكتۈرۈپ، قىيامەت كۈنىگە قالدۇرىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى، ئەپۇچانلىقى ۋە جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى دەرھال جازالايدىغان ۋە ئۇلارغا تەخىرسىز ئازاب ئەۋەتىدىغان بولسا، زېمىندا ياشايدىغان ئادەم قالمىغان بولاتتى. ﴿ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن

جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جانلىقنى قويمىغان بولاتتى﴾.
(سۈرە فاتىر 45-ئايەت)

④ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ يەنە بىر سۈپىتىدۇر. ئىنسان بىر نەرسىنى بىر ۋاقىتتىلا كۆرەلمەيدۇ، يەنە بىر ۋاقىتتىمۇ كۆرۈپ تۇرۇشى لازىم. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ بىر تەرىپىنى بىر ۋاقىتتىلا كۆرۈپ تۇرسا، ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرى كۆرۈنمەي قالىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە قەيەردە ئاللاھ تائالانىڭ شەپقەتلىك ۋە كەچۈرۈم قىلغۇچى دېگەن سۈپىتى بايان قىلىنسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ﴿اَلْقَهَّارُ﴾ (غالىب، قەھر قىلغۇچى) ۋە ﴿اَلْجَبَّارُ﴾ (تىزگىنلەپ تۇرغۇچى) دېگەن سۈپەتلىرىمۇ بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئايەتتىمۇ ئۈمىد بىلەن قورقۇنچنىڭ ئىككى تەرىپى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنسان پەقەت ئۈمىدكە تايانسا، غەپلەت ئىچىدە گۇناھقا پېتىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ دىلىنى داۋاملىق قورقۇنچ ۋە ئەندىشە قاپلىۋالسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلسا، ئىنسان ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ. شۇڭا «ئىمان ئۈمىد بىلەن قورقۇنچ ئارىسىدا بولىدۇ» يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇۋازىنەت ۋە تەڭپۇڭلۇق ئىمان دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسان نە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇشتىن بىپەرۋا بولۇپ قالماسلىقى، نە ئۇنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى لازىم. (بۇ ھەقتە سۈرە ئەنئامنىڭ 47-ئايىتى، سۈرە ئەئرافنىڭ 167-ئايىتى، سۈرە ھىجىر 49-50-ئايەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىسۇنلەر)

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْلَآ أُنزِلَ عَلَيْهِ ءَايَةٌ مِّن رَّبِّهِۦٓۗ إِنَّمَآ
أَنتَ مُنذِرٌۖ وَلِكُلِّ قَوْمٍ هَادٍ ﴿٧﴾ ٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَحْمِلُ كُلُّ أُنثَىٰ وَمَا
تَغِيضُ ٱلْأَرْحَامُ وَمَا تَزْدَادُۖ وَكُلُّ شَىْءٍ عِندَهُۥ بِمِقْدَارٍ ﴿٨﴾ عَٰلِمُ
ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلْكَبِيرُ ٱلْمُتَعَالِ ﴿٩﴾

*كاپىر بولغانلار: «ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغاندەك) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلسە بولماسمىدى؟» دېيىشىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن①. ھەربىر قەۋمنىڭ بىر يېتەكچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ② (مۆجىزىلەرگە*

*كەلسەك. ئۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر) [7]. ھەربىر چىشىنىڭ نېمىگە ھامىلدار بولغانلىقىنى③، بالىياتقۇلارنىڭ نېمىنى كېمەيتىپ، نېمىنى زىيادە قىلىدىغانلىقىنى④ (يەنى ھامىلىنىڭ مۇددىتى توشماي ياكى مۇددىتى ئېشىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەم بىلەندۇر⑤ [8]. ئاللاھ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر [9].*

① ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرگە شارائىت ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمەتلىك تەدبىرى بويىچە بىر قىسىم مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. لېكىن كاپىرلار ئۆز تەبىئىتى بويىچە مۆجىزە تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەفا تېغىنى بىرگە ئالتۇن قىلىپ بەرگىن، تاغلارنىڭ ئورنىنى گۈلزارلىق، ئېرىق - ئۆستەڭدە سۇلار ئاقىدىغان جايلار قىلىپ بەرگىن... دېگىنىگە ئوخشاش. ئەگەر ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە لايىق مۆجىزە كۆرسىتىلمىسە، ئۇلار: ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نېمىشقا بىرەر ئالامەت (مۆجىزە) چۈشۈرۈلمىدى؟ دەيدۇ. شۇڭا دېيىلدىكى: ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتۇر، ئۇلار قوبۇل قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، سەن دەۋىتىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلماسلىقى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، چۈنكى ھىدايەت بېرىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ يول كۆرسىتىشتۇر. ئەمما بۇ يولغا باشلاش ۋە ھىدايەت قىلىش سېنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر.

② يەنى ئاللاھ تائالا ھەر قەۋمنى ھىدايەت قىلىش ۋە توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن چوقۇم بىر يېتەكچى ئەۋەتكەن. ئەمما ئۇ قەۋملەرنىڭ ھىدايەت يولىنى تاللىغان ياكى تاللىمىغانلىقى، قوبۇل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى بۇ باشقا گەپ. لېكىن توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەربىر قەۋمگە پەيغەمبەر كەلگەندۇر. ﴿قانداقلا بىر ئۈممەت بولسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾. (سۈرە فاتىر 24 - ئايەت)

③ ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمە ئوغۇلمۇ - قىزمۇ، بىرمۇ - كۆپمۇ، چىرايلىقمۇ - سەتمۇ، بەختلىكمۇ - بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ - قىسقىمۇ، ھەممىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ.

④ بۇنىڭدىن ھامىلىنىڭ مۇددىتى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئادەتتە توققۇز ئاي بولىدۇ. بەزىدە بۇ مۇددەتتىن ئېشىپ كېتىپ ئون ئاي، بەزىدە قىسقىراپ يەتتە-سەككىز ئايمۇ بولۇپ قالىدۇ، بۇ مۇددەتنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

⑤ كىم قانچە ياش ئۆمۈر كۆرىدۇ؟ ئۇنىڭغا قانچىلىك رىزق بېرىلىدۇ؟ بۇنى بەلگىلەش ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

سَوَآءٌ مِّنكُم مَّنْ أَسَرَّ ٱلْقَوْلَ وَمَن جَهَرَ بِهِۦ وَمَنْ هُوَ مُسْتَخْفٍۭ
بِٱلَّيْلِ وَسَارِبٌۢ بِٱلنَّهَارِ ﴿١٠﴾ لَهُۥ مُعَقِّبَٰتٌ مِّنۢ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ
خَلْفِهِۦ يَحْفَظُونَهُۥ مِنْ أَمْرِ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّىٰ
يُغَيِّرُوا۟ مَا بِأَنفُسِهِمْ ۗ وَإِذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِقَوْمٍ سُوٓءًا فَلَا مَرَدَّ لَهُۥ ۚ وَمَا
لَهُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَالٍ ﴿١١﴾ هُوَ ٱلَّذِى يُرِيكُمُ ٱلْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا
وَيُنشِئُ ٱلسَّحَابَ ٱلثِّقَالَ ﴿١٢﴾ وَيُسَبِّحُ ٱلرَّعْدُ بِحَمْدِهِۦ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ
مِنْ خِيفَتِهِۦ وَيُرْسِلُ ٱلصَّوَٰعِقَ فَيُصِيبُ بِهَا مَن يَشَآءُ وَهُمْ
يُجَٰدِلُونَ فِى ٱللَّهِ وَهُوَ شَدِيدُ ٱلْمِحَالِ ﴿١٣﴾

*سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (ئاللاھنىڭ ئىلمىگە نىسبەتەن بەرىبىر) ئوخشاشتۇر (يەنى ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ) [10]. ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى كۆزىتىپ (مۇھاپىزەت قىلىپ) تۇرىدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار①. شەكسىزكى، ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىدىكىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگۈچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ② (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، ئاللاھ قانداقلا بىر قەۋمگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا (يەنى جازالىماقچى بولسا)، ئۇنى قايتۇرۇش مۇمكىن*

***بولمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىگىمۇ چىقمايدۇ [11] ئۇ (ئاللاھ) قورقۇتۇش ۋە ئۈمىدلەندۇرۇش ئۈچۈن③ سىلەرگە چاقماقنى كۆرسىتىدىغان ۋە (قۇدرىتى بىلەن) قويۇق ئېغىر بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدىغان زاتتۇر④ [12]. گۈلدۈرماما ئاللاھنى مەدھىيىلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تەسبىھ ئېيتىدۇ⑤، ئاللاھ چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ⑥. كاپىرلار ئاللاھ توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىدۇ، ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر⑦ [13].***

① ﴿مُعَقِّبَـٰتٌ﴾ «مُعَقِّبَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگۈچى، نۆۋەتچى دېگەن مەنىدە، بۇنىڭدىن ئارقا-ئارقىدىن كېلىدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى كەتسە، كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى كېلىدۇ، كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى كەتسە، كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى كېلىدۇ.

② يەنى بىرەر قەۋم نېمەتكە كۇفرىلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىۋالمىغۇچە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نېمەتلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقىۋەتمەيدۇ. تەپسىلاتىنى سۈرە ئەنفال 53-ئايەتنىڭ تەپسىرىدىن كۆرگەيسىز.

③ يامغۇردىن يولۇچى قورقىدۇ. مۇقىم كىشىلەر ۋە دېھقانلار يامغۇردىن بەرىكەت ۋە مەنپەئەت ئۈمىد قىلىدۇ.

④ «قويۇق ۋە ئېغىر بۇلۇتلار» يامغۇر سۈيى يۈكلەنگەن ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيىلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر﴾. (سۈرە ئىسرا 44-ئايەت)

⑥ يەنى چاقماق بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ.

⑦ ﴿الْمِحَالِ﴾ نىڭ قۇۋۋەت، جازالاش، تەدبىر دېگەن مەنىلىرى بار، يەنى

ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈك، جازاسى ناھايىتى قاتتىق، تەدبىرى تولىمۇ پۇختا زاتتۇر.

لَهُۥ دَعْوَةُ ٱلْحَقِّ ۖ وَٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَسْتَجِيبُونَ لَهُم
بِشَىْءٍ إِلَّا كَبَٰسِطِ كَفَّيْهِ إِلَى ٱلْمَآءِ لِيَبْلُغَ فَاهُ وَمَا هُوَ بِبَٰلِغِهِۦ ۚ
وَمَا دُعَآءُ ٱلْكَٰفِرِينَ إِلَّا فِى ضَلَٰلٍ ﴿١٤﴾ وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَظِلَٰلُهُم بِٱلْغُدُوِّ وَٱلْءَاصَالِ ۩ ﴿١٥﴾

*ئۇنىڭغىلا دۇئا قىلىش ھەقتۇر①. ئۇنىڭدىن باشقىسىغا دۇئا قىلىدىغانلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ ھېچقانداق دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدۇ (ھاجىتىنى راۋا قىلالمايدۇ). ئۇلار (يەنى كاپىرلار) ئاغزىمغا سۇ يەتسۇن دەپ ئىككى ئالقىنىنى (يىراقتىن) سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرغان ئادەمگىلا ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، سۇ (ئاڭلىمايدىغان، ھېس قىلمايدىغان نەرسە بولغاچقا) ھەرگىز ئۇنىڭ ئاغزىغا يەتمەيدۇ②، كاپىرلارنىڭ (مەبۇدلىرىغا قىلغان) دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر③ [14]. ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ بەزىسى) ئىختىيارىي ۋە (بەزىسى) مەجبۇرىي يوسۇندا ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ④ [15].*

① يەنى ئۈمىد ۋە قورقۇنچ ۋاقتىدا شۇ بىر ئاللاھقا دۇئا قىلىش ھەق ۋە دۇرۇستتۇر، چۈنكى پەقەت ئاللاھ ئۆزى ھەر كىمنىڭ قىلغان دۇئاسىنى ئاڭلايدۇ ۋە ئىجابەت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىكى «دۇئا»نى ئىبادەت مەنىسىدە كەلگەن دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش ھەق ۋە دۇرۇستتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئىبادەتكە لايىق ئەمەس، چۈنكى كائىناتنى ياراتقۇچى، ئۇنىڭ پادىشاھى، تەدبىر قىلغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتمۇ پەقەت ئۇنىڭلا ھەققىدۇر، دېگەن بولىدۇ.

② كىمكى ئاللاھنى قويۇپ، باشقىلاردىن مەدەت تىلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ

مىسالى يىراقتىن ئىككى قولىنى سوزۇپ، سۇغا قاراپ: ئاغزىمغا كىر! دەپ چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. سۇ ھېس-تۇيغۇسىز نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، قولىنى سوزۇپ چاقىرغۇچىنىڭ نېمە ھاجىتى بارلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ چاقىرغۇچىنىڭ ئاغزىغا كىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئۇنىڭدا ئۆز جايىدىن قوزغىلىپ، ئۇنىڭغا ئاغزىغا كىرگۈدەك قۇدرەتمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك مۇشرىكلار ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلاردىن مەدەت تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مەدەت تىلىگەن مەبۇدلىرى ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قانداق ھاجىتى بارلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، نە ئۇلاردا ھاجەتنى راۋا قىلغۇدەك قۇدرەتمۇ بولمايدۇ.

③ يەنى پايدىسىزدۇر، چۈنكى ئۇ مەبۇدلاردىن ئۇلارغا ھېچقانداق مەنپەئەت كەلمەيدۇ.

④ بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقى ۋە قۇدرىتىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنغان ھالدا سەجدە قىلىدۇ، مەيلى مۆئمىنلەردەك ئىتائەتمەنلىك بىلەن سەجدە قىلسۇن ياكى كاپىرلاردەك مەجبۇرىي يوسۇندا سەجدە قىلسۇن، چوقۇم سەجدە قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىمۇ ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا سەجدە قىلىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ بويسۇنغان ھالدا ئاللاھقا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن ئوڭ - سولغا مايىل بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟﴾. (سۈرە نەھل 48-ئايەت). بۇ سەجدىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قايسى رەۋىشتە سەجدە قىلىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇنداق: بارلىق مەخلۇقلار ھەتتا كاپىرلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدۇ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىشقا ئىمكانى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا كىمگە ساغلاملىق ئاتا قىلسا ياكى ئۇنى كېسەل قىلسا، ئۇنى باي قىلسا ياكى كەمبەغەل قىلسا، بىر كىمگە ھاياتلىق ئاتا قىلسا ياكى ئۇنى ئۆلۈمگە دۇچار قىلسا، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنماقتىن ئۆزگە چارىسى بولمايدۇ. دېمەك بۇ ئىلاھىي قۇدرەتكە خاس ئىشلارنى ھەرقانداق بىر كاپىر ئىنكار قىلالمايدۇ.

قُلْ مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ قُلِ ٱللَّهُ ۚ قُلْ أَفَٱتَّخَذْتُم مِّن دُونِهِۦٓ
أَوْلِيَآءَ لَا يَمْلِكُونَ لِأَنفُسِهِمْ نَفْعًا وَلَا ضَرًّا ۚ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى
ٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْبَصِيرُ أَمْ هَلْ تَسْتَوِى ٱلظُّلُمَٰتُ وَٱلنُّورُ ۗ أَمْ جَعَلُوا۟ لِلَّهِ
شُرَكَآءَ خَلَقُوا۟ كَخَلْقِهِۦ فَتَشَٰبَهَ ٱلْخَلْقُ عَلَيْهِمْ ۚ قُلِ ٱللَّهُ خَٰلِقُ كُلِّ
شَىْءٍ وَهُوَ ٱلْوَٰحِدُ ٱلْقَهَّٰرُ ﴿١٦﴾ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَسَالَتْ أَوْدِيَةٌۢ
بِقَدَرِهَا

***(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن) «ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟» دەپ سورىغىن ۋە «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بەرگىن①. (يەنە ئۇلارغا) «(شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگىمۇ پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىگە (ھىمايىچى) قىلىۋالدىڭلارمۇ؟②» دېگىن. «كور بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ياكى قاراڭغۇلۇقلار بىلەن نۇر باراۋەر بولامدۇ؟③» دېگىن، ياكى ئۇلار (ئۆزلىرى) ئاللاھ ياراتقانغا ئوخشاش مەخلۇقلارنى «ياراتقان» دەۋالغان مەبۇدلىرىنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىپ، ئاللاھنىڭ ياراتقىنى بىلەن مەبۇدلىرىمىز «ياراتقان» دەۋالغان نەرسىنى ئايرىيالماي قالدىمۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇ بىردۇر④، ھەممىگە غالىبتۇر [16]. ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، (يامغۇر سۈيى) جىلغىلاردا لىقمۇلىق ئاقتى⑤،***

① بۇ ئايەتتە يۇقىرىدىكى سوئالغا پەيغەمبەرنىڭ تىلى بىلەن جاۋاب بېرىلگەن، ئەمما قۇرئان كەرىمدىكى باشقا ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭمۇ شۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

② يەنى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى پەرۋىش قىلغۇچى ۋە ئۇلارنى ئىدارە قىلىشتا ھېچكىم بىلەن شېرىكچىلىكى يوق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىلەر، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ئۆزلىرىگىمۇ ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرنى دوست تۇتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى

ھىمايىچى دەپ قارايسىلەر؟

③ كور ئادەم بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولالمىغاندەك، مۇۋەھھىد (ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچى مۇئمىن) بىلەن كاپىر باراۋەر بولالمايدۇ. چۈنكى مۇۋەھھىدنىڭ قەلبى تەۋھىد نۇرىغا تولغان بولىدۇ. مۇشرىك بولسا ئۇنىڭدىن مەھرۇمدۇر. مۇۋەھھىدنىڭ كۆزى تەۋھىد نۇرىنى كۆرىدۇ، مۇشرىككە بۇ تەۋھىد نۇرى كۆرۈنمەيدۇ، شۇڭا ئۇ كور ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، يەنى قاراڭغۇلۇقلار بىلەن نۇر باراۋەر بولالمىغاندەك، قەلبى ھىدايەت نۇرىغا تولغان، ئاللاھقا يۈزلەنگۈچى مۇئمىن بىلەن ۋەھىمە ئىچىدە جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا گاڭگىراپ يۈرگەن مۇشرىك باراۋەر بولالمايدۇ.

④ يەنى ئۇلار بۇنى ئايرىيالماي قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار ھەر نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى پەقەت بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

⑤ ﴿بِقَدَرِهَا﴾ يامغۇر سۈيى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى ۋادىنىڭ سىغىمچانلىقىغا ئاساسەن لىقمۇلىق ئاقىدۇ يەنى ۋادى تار بولسا، سۈنى ئاز سىغدۇرىدۇ؛ كەڭ بولسا، سۈنى كۆپ سىغدۇرىدۇ. يەنى بۇ ئايەتتە ھىدايەت ۋە ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى يامغۇرنىڭ چۈشۈشىگە ئوخشىتىلغان. چۈنكى قۇرئاننىڭ پايدىسى يامغۇرنىڭ پايدىسىغا ئوخشاش ئومۇمىي بولىدۇ. بۇ يەردە جىلغىلار دىللارغا ئوخشىتىلغان، چۈنكى سۇلار كېلىپ جىلغىلاردا توختايدۇ. شۇنىڭدەك قۇرئان ۋە ئىمان مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىدا توختايدۇ.

فَٱحۡتَمَلَ ٱلسَّيۡلُ زَبَدٗا رَّابِيٗاۖ وَمِمَّا يُوقِدُونَ عَلَيۡهِ فِي ٱلنَّارِ ٱبۡتِغَآءَ
حِلۡيَةٍ أَوۡ مَتَٰعٖ زَبَدٞ مِّثۡلُهُۥۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡحَقَّ وَٱلۡبَٰطِلَۚ
فَأَمَّا ٱلزَّبَدُ فَيَذۡهَبُ جُفَآءٗۖ وَأَمَّا مَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ فَيَمۡكُثُ فِي
ٱلۡأَرۡضِۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡأَمۡثَالَ ﴿١٧﴾

***كەلكۈن سۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكلەرنى لەيلىتىپ ئاقتى①. كىشىلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ياكى ئەسۋاب ياساش ئۈچۈن ئوتقا سېلىپ ئېرىتكەن مەدەنلىرىنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپۈكى***

***بار (يەنى كۆپۈكمۇ خۇددى كەلكۈن سۈنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاش پايدىسىزدۇر)②. ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلنى ئەنە شۇنداق مىسال بىلەن بايان قىلىدۇ③، كۆپۈك بولسا ئۇچۇپ كېتىدۇ (يوقىلىدۇ)④، ئەمما ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ⑤، ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ⑥ [17].***

① بۇ سۇ ئۇستىگە لەيلەپ چىقىپ تۇگەيدىغان، شامال ئۇچۇرۇپ كېتىپ يوقىلىدىغان كۆپۈك خۇددى كۇفرىغا ئوخشايدۇ، كۇفرىمۇ كۆپۈكتەك يوق بولۇپ كېتىدۇ.

② بۇ ئىككىنچى مىسالدۇر، يەنى زىنىنەت بۇيۇملىرىنى ياساش ئۈچۈن ئوتتا ئېرىتىلگەن مىس، ئالتۇن، كۈمۈشلەردىنمۇ كۆپۈك چىقىدۇ. بۇ كۆپۈك ئۇ مەدەنلەرنىڭ كىرى ھېسابلىنىدۇ. ئېرىتىلگەندىن كېيىن ئۇستىگە چىقىدۇ ۋە ئاستا-ئاستا يوقىلىدۇ، مەدەن ساپ ۋە ئەسلىي ھالىتىگە كېلىدۇ.

③ يەنى ھەق بىلەن باتىل بىر يەرگە جەم بولسا ۋە توقۇنۇشۇپ قالسا، خۇددى سۇنىڭ كۆپۈكى ياكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا مەدەنلەرنىڭ كۆپۈكى ئۇزۇن تۇرالمىغاندەك باتىلمۇ ئۇزۇن تۇرالماي، يوقىلىدۇ. كەلكۈن سۈيىدىن پەيدا بولغان كۆپۈك سۇ بىلەن بىللە تۇرالمايدۇ، مەدەنلەرنى ئېرىتكەندە چىققان كۆپۈكمۇ مەدەنلەر بىلەن بىللە تۇرالمايدۇ، بەلكى ئېرىپ تۇگەپ كېتىدۇ.

④ يەنى كەلكۈندىكى سۇنىڭ كۆپۈكى ھېچنەرسىگە مەنپەئەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ سۇ بىلەن ياكى مەدەن بىلەن بىرگە قالمايدۇ، بەلكى ئاستا-ئاستا تىتىلىپ يوقىلىدۇ ياكى شامال ئۇنى ئۇچۇرتۇپ تۇگىتىدۇ. باتىلمۇ خۇددى كۆپۈككە ئوخشاشتۇر.

⑤ يەنى سۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، تۇچ ۋە مىس قاتارلىق كىشىلەرگە پايدىسى يېتىدىغان نەرسىلەر قېلىپ قالىدۇ، ئۇ نەرسىلەردىن كىشىلەر پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ھەق مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتى ھەرگىز يوقالمايدۇ، پايدىسىمۇ دائىمىي بولىدۇ.

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا ھەقنى چۈشەندۈرۈش ۋە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق مىساللارنى بايان قىلىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئىككى مىسالنى بايان

قىلدى، سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدىمۇ مۇناپىقلارنىڭ مىساللىرىنى بايان قىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك سۈرە نۇرنىڭ 39 - ، 40 - ئايەتلىرىدىمۇ كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرى ھەققىدە ئىككى مىسالنى كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە مىساللار ئارقىلىق كىشىلەرگە ھەقنى چۈشەندۈردى.

لِلَّذِينَ ٱسْتَجَابُوا۟ لِرَبِّهِمُ ٱلْحُسْنَىٰ ۚ وَٱلَّذِينَ لَمْ يَسْتَجِيبُوا۟ لَهُۥ لَوْ أَنَّ
لَهُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا وَمِثْلَهُۥ مَعَهُۥ لَٱفْتَدَوْا۟ بِهِۦٓ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ لَهُمْ
سُوٓءُ ٱلْحِسَابِ وَمَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿١٨﴾ ۞ أَفَمَن يَعْلَمُ
أَنَّمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ٱلْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَىٰٓ ۚ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ
أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَـٰبِ ﴿١٩﴾ ٱلَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ ٱللَّهِ وَلَا يَنقُضُونَ ٱلْمِيثَـٰقَ ﴿٢٠﴾
وَٱلَّذِينَ يَصِلُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ
وَيَخَافُونَ سُوٓءَ ٱلْحِسَابِ ﴿٢١﴾

***رەببىنىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلغانلار ئۈچۈن ئەڭ ئوبدان مۇكاپات بار. ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلارغا كەلسەك، ئەگەر يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، يەنە شۇنىڭ بىر ھەسسىسى ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسا، ئۇلار (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىديە قىلىپ بېرىۋەتكەن بولاتتى①. ھېسابنىڭ ئەڭ قاتتىقى ئەنە شۇلارغا بولىدۇ②، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي! [18]. (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ئۇنى بىلمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟③ (بۇنىڭدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا نەسىھەت ئالىدۇ④ [19]. ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ⑤، (بەرگەن) ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ⑥ [20]. ئۇلار ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى) ئۇلايدۇ⑦، رەببىدىن قورقىدۇ ۋە قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ [21].***

① بۇ نۇقتا ئىلگىرىمۇ ئىككى-ئۈچ جايدا بايان قىلىندى.

② چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر قانداق چوڭ-كىچىك ئەمەلىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بۇ ھەدىستىكىدەك بولىدۇ: «كىمكى ھېساب بېرىشتە سوراققا تارتىلسا (ئۇنىڭ نىجات تېپىشى قىيىن بولىدۇ) ئازابقا دۇچار بولىدۇ».(سەھىھۇل بۇخارى 6536-ھەدىس) شۇڭا ھېسابتىن كېيىن ﴿ ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر﴾ دەپ كەلدى.

③ يەنى قۇرئاننىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدىغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرىدىغان ئادەم باراۋەر بولالامدۇ؟ بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى باراۋەر بولالمايدۇ. خۇددى كۆپۈك بىلەن سۇ، ئالتۇن ۋە مىس بىلەن ئۇنىڭ دېتى ۋە كۆپۈكى باراۋەر بولالمىغاندەك، بۇ ئىككى خىل ئادەممۇ باراۋەر بولالمايدۇ.

④ يەنى كىمدە ساغلام قەلب، دۇرۇس ئەقىل بولمىسا، دىلى گۇناھلىرىنىڭ كىرلىرى بىلەن داتلىشىپ كەتكەن، ئەقلى بۇلغانغان بولسا، بۇ قۇرئاندىن ۋەز-نەسىھەت ئالالمايدۇ.

⑤ بۇ يەردە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. «ئاللاھقا بەرگەن ۋەدە» دېگەندىن ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرى (بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، چەكلىمىلىرىدىن يانىدۇ. ياكى بۇ يەردىكى «ئاللاھقا بەرگەن ۋەدە» دېگەندىن ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەن چاغدىكى (يەنى روزى مىساقتىكى) ئەلەستۇ ئەھدىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەئراف 172-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

⑥ بۇ يەردىكى «ۋەدە» ئادەتتە ئىنسانلار ئۆزئارا قىلىشقان ۋەدە ۋە ئەھدىنامىلەر ياكى بەندىلەر بىلەن پەرۋەردىگارى ئارىسىدىكى ئەھدىنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ يەنى ئۇرۇق-تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزمەيدۇ، ھەتتا ئۈزۈلگەن بولسا ئۇلايدۇ، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىدۇ.

وَٱلَّذِينَ صَبَرُواْ ٱبۡتِغَآءَ وَجۡهِ رَبِّهِمۡ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا

رَزَقْنَٰهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً وَيَدْرَءُونَ بِٱلْحَسَنَةِ ٱلسَّيِّئَةَ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ
عُقْبَى ٱلدَّارِ ﴿٢٢﴾ جَنَّٰتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَن صَلَحَ مِنْ ءَابَآئِهِمْ
وَأَزْوَٰجِهِمْ وَذُرِّيَّٰتِهِمْ ۖ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِم مِّن كُلِّ بَابٍ ﴿٢٣﴾
سَلَٰمٌ عَلَيْكُم بِمَا صَبَرْتُمْ ۚ فَنِعْمَ عُقْبَى ٱلدَّارِ ﴿٢٤﴾

***ئۇلار رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان①، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغان②، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەجلىگەن③ ۋە ياخشى ئەمەلى ئارقىلىق يامانلىقنى تۇسىدىغان كىشىلەردۇر (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلاردۇر)④. ئەنە شۇلار ئاخىرەتتە گۈزەل ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ⑤ [22]. (گۈزەل ئاقىۋەت) مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر، ئۇلار ئۇ يەرگە كىرىدۇ⑥ ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئاياللىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ (جەننەتكە كىرىدۇ)⑦. پەرىشتىلەر (جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن (مۇبارەكلەش ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىدۇ [23]. (ئۇلارغا): «سەۋر قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتتىكى گۈزەل ئاقىۋەت (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى!» دەيدۇ [24].***

① ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىش سەۋرنىڭ بىر تۈرىدۇر. مۇشەققەتلەرگە ۋە سىناقلارغا سەۋر قىلىش سەۋرنىڭ ئىككىنچى تۈرىدۇر. ئەقىل ئىگىلىرى ھەر ئىككى خىل سەۋرنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلەردۇر.

② يەنى نامازنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە، ۋاقىتلىرىغا، رۇكۇلىرىغا، سەجدىلىرىگە ۋە نامازدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ تۇرۇشقا رىئايە قىلىپ، ئۆزى خالىغانچە ئەمەس، بەلكى نامازنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە ئادا قىلغانلاردۇر.

③ يەنى قاچان، قەيەردە پۇل ـ مالغا ئېھتىياجلىق كىشىلەر تېپىلسا،

مەيلى ئۇرۇق - تۇغقانلار بولسۇن، ياكى يات كىشىلەر بولسۇن، ئۇلارغا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا پۇل - مال بەرگەنلەردۇر.

④ يەنى ئۇلار يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرىدۇ، ئەگەر بىرەر ئادەمدىن ئەزىيەت يەتسە، ئۇنىڭغا سەۋر قىلىپ چىرايلىقچە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ ياكى ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدۇ ۋە ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ. خۇددى ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ئېيتقاندەك: ﴿ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ﴾. (سۈرە سەجدە 34-ئايەت)

⑤ يەنى كىمكى مەزكۇر ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇ خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرسە، ئۇلار ئۇچۇن مەڭگۈلۈك جەننەت بار.

⑥ ﴿عَدۡنٍ﴾نىڭ مەنىسى تۇرالغۇ، يەنى داۋاملىق تۇرىدىغان باغ.

⑦ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ خۇرسەن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن جەم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا تۆۋەن دەرىجىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز. ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز﴾. (سۈرە تۇر 21-ئايەت) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ تائالا سالىھلاردىن بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلارنى جەننەتتە بىر يەرگە جەم قىلىدۇ. يەنە مەلۇم بولدىكى، كىمنىڭ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدىن دەسمايىسى بولمىسا، جەننەتكە كىرمەيدۇ، گەرچە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن بىر تۇغقىنى جەننەتكە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ. چۈنكى جەننەتكە كىرىش سالاھىيىتىگە نەسەب ۋە تۇغقاندارچىلىققا ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلگە ئاساسەن ئېرىشىدۇ. «كىمنى ئەمەلى كەينىدە قالدۇرۇپ قويغان بولسا، نەسەبى ئۇنى ئىلگىرلىتەلمەيدۇ» (سەھىھ مۇسلىم 2699-ھەدىس)

وَٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهۡدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مِيثَٰقِهِۦ وَيَقۡطَعُونَ مَآ أَمَرَ

ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱللَّعۡنَةُ وَلَهُمۡ
سُوٓءُ ٱلدَّارِ ﴿٢٥﴾ ٱللَّهُ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ وَفَرِحُواْ
بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا فِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِلَّا مَتَٰعٞ ﴿٢٦﴾

***ئاللاھقا مۇستەھكەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزىدىغان، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى) ئۈزۈپ قويىدىغان ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر ــ ئەنە شۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ① [25]. ئاللاھ (ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن) خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ②. (كاپىرلار) دۇنيا ھاياتى بىلەن مەستخۇش بولۇپ (كۆرەڭلەپ) كەتتى③. ھالبۇكى، دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتكە قارىغاندا (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس④ [26].***

① ئىنسانلار يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىشقا تىرىشسۇن دەپ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدىغانلار بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاخىرەتلىكى يامان بولىدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىمۇ بايان قىلىندى.

② كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئاخىرەتلىكى يامان بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنسا، زېھنىمىزدە، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا دۇنيادا ھەر تۈرلۈك راھەت-پاراغەت ۋە باياشاتلىق بېرىلىدۇ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەت بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: دۇنيادىكى رىزق ۋە تىرىكچىلىك ئىمكانىيەتلىرىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە بەزىلەرگە ئاز؛ بەزىلەرگە كۆپ رىزق بېرىدۇ. بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ رىزقىنىڭ كەڭ بولغانلىقى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، شۇنداقلا رىزقىنىڭ تار بولغانلىقىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن نارازى دېگەنلىك ئەمەس.

③ قايسىبىر كىشىگە، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىدىغان تۇرسىمۇ، كۆپ مال-دۇنيا بېرىلگەن بولسا، ئۇ خۇشاللىنىپ كەتمەسلىكى

لازىم. چۈنكى بۇ مال-دۇنيا ئۇنى بىخۇتلاشتۇرۇپ تەدرىجىي ھالاك قىلىش ۋە مۆھلەت بېرىش يۈزىسىدىن بېرىلگەندۇر. بۇ مۆھلەتنىڭ قاچان تۈگەيدىغانلىقىنى ۋە قاچان ئاللاھنىڭ جازاسىغا يولۇقىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

④ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «دۇنيا، ئاخىرەتكە نىسبەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلار بارمىقىنى دېڭىزغا چىلاپ چىقارغاندا دېڭىز سۈيىگە نىسبەتەن بارمىقىغا يۇققان سۇنىڭ مىقدارىدەك نەرسىدۇر، ئۇ بارمىقىغا دېڭىز سۈيىدىن قانچىلىك يۇققانلىقىغا قارىسۇن.» (سەھىھ مۇسلىم 2858-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قۇلىقى تۈۋىدىن كېسىۋېتىلگەن بىر ئۆلۈك ئوغلاقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئوغلاق ئىگىسىنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمەس نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن تاشلىۋېتىلگىنىدەك، دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئەرزىمەس نەرسىدۇر.» (سەھىھ مۇسلىم 2957-ھەدىس)

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْلَآ أُنزِلَ عَلَيْهِ ءَايَةٌ مِّن رَّبِّهِۦۗ قُلْ إِنَّ
ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهْدِيٓ إِلَيْهِ مَنْ أَنَابَ ﴿٢٧﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُم بِذِكْرِ ٱللَّهِۗ أَلَا بِذِكْرِ ٱللَّهِ تَطْمَئِنُّ ٱلْقُلُوبُ ﴿٢٨﴾
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ طُوبَىٰ لَهُمْ وَحُسْنُ مَـَٔابٍ ﴿٢٩﴾
كَذَٰلِكَ أَرْسَلْنَٰكَ فِيٓ أُمَّةٍ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهَآ أُمَمٌ لِّتَتْلُوَاْ عَلَيْهِمُ
ٱلَّذِيٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ وَهُمْ يَكْفُرُونَ بِٱلرَّحْمَٰنِۚ قُلْ هُوَ رَبِّي لَآ إِلَٰهَ
إِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ مَتَابِ ﴿٣٠﴾

***كاپىر بولغانلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا رەببىدىن (مۇسانىڭ ۋە ئىيسانىڭ مۆجىزىسىدەك) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) «(ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى (ئۆزىنىڭ ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن) ئازدۇرىدۇ، ئۆزى تەرەپكە قايتقان ئادەمنى توغرا***

***يولغا باشلايدۇ» دېگىن [27]. ئۇلار (يەنى ئاللاھ توغرا يولغا باشلايدىغان كىشىلەر) ئىمان ئېيتقان، دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغان كىشىلەردۇر. بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ① [28]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا خۇشاللىق② ۋە گۈزەل قارارگاھ (يەنى جەننەت) بار [29]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان كىتابنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، سەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندەك، سېنى شۇنداق بىر ئۈممەتكە③ ئەۋەتتۇقكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتكەن، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) رەھمان (مەرھەمەتلىك) ئاللاھنى ئىنكار قىلماقتا④. ئېيتقىنكى، «ئۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر⑤، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمەن» [30].***

① بۇ يەردىكى «ئاللاھنى ياد ئېتىش» دېگەندىن مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىدا سىقىلىش پەيدا قىلىدىغان تەۋھىد يەنى ئاللاھنىڭ بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى مۆئمىنلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئاشۇرىدىغان ئىبادەت، قۇرئان تىلاۋىتى، نەپلە ئەمەللەر، دۇئا ۋە مۇناجاتلار ياكى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭسىز مۆئمىنلەرنىڭ دىللىرى تەسكىن تاپمايدۇ.

② ﴿طُوبَىٰ﴾نىڭ بىر نەچچە مەنىسى بار: خۇشاللىق، ياخشىلىق، كارامەت، بەخت، جەننەتتىكى بىر دەرەخ ياكى مەخسۇس جاي قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. يەنى جەننەتتىكى ئېسىل تۇرالغۇ ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇ-نېمەتلەر.

③ يەنى سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەندەك، بىز سېنى ئەمر - پەرمانلىرىمىزنى يەتكۈزۈشۈڭ ئۈچۈن، بۇ ئۈممەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ سەن ئىنكار قىلىنغاندەك، ئىنكار قىلىنغان ئىدى. بىز پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارغا قاتتىق ئازاب چۈشۈردۇق. مۇشرىكلار ئىلگىرىكىلەرگە چۈشكەن ئازابنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ چۈشۈپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىشى

لازىم.

④ مەككە مۇشرىكلىرى ئاللاھ تائالانىڭ «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان» دېگەن سۈپىتىنى يامان كۆرەتتى. شۇڭا ئۇلار ھۇدەيبىيەدە سۈلھى قىلغان كۈنى كېلىشىمنامىنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دەپ يېزىشقا ئۇنىماي: بىز «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان» دېگەن ئىسمنى بىلمەيمىز، دېيىشتى. ) سەھىھ مۇسلىم **1784**-ھەدىس)

⑤ يەنى ﴿الرَّحۡمَٰنِ﴾ «مەرھەمەتلىك، شەپقەتلىك» ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

وَلَوۡ أَنَّ قُرۡءَانٗا سُيِّرَتۡ بِهِ ٱلۡجِبَالُ أَوۡ قُطِّعَتۡ بِهِ ٱلۡأَرۡضُ أَوۡ كُلِّمَ بِهِ
ٱلۡمَوۡتَىٰۗ بَل لِّلَّهِ ٱلۡأَمۡرُ جَمِيعًاۗ أَفَلَمۡ يَاْيۡـَٔسِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن لَّوۡ
يَشَآءُ ٱللَّهُ لَهَدَى ٱلنَّاسَ جَمِيعٗاۗ وَلَا يَزَالُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ تُصِيبُهُم
بِمَا صَنَعُواْ قَارِعَةٌ أَوۡ تَحُلُّ قَرِيبٗا مِّن دَارِهِمۡ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ وَعۡدُ ٱللَّهِۚ
إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ٣١ وَلَقَدِ ٱسۡتُهۡزِئَ بِرُسُلٖ مِّن قَبۡلِكَ
فَأَمۡلَيۡتُ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ ثُمَّ أَخَذۡتُهُمۡۖ فَكَيۡفَ كَانَ عِقَابِ ٣٢

***مۇبادا بىر قۇرئان (يەنى ساماۋى كىتاب) بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تاغلار يۆتكەلگەن ياكى يەر يېرىلغان ۋەياكى ئۆلۈكلەر سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ (ئۇلار بەرىبىر ئىمان ئېيتمايتتى). ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر①، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسنى جەزمەن ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى مۇئمىنلەر بىلمىدىمۇ؟ ئاللاھنىڭ (مۇئمىنلەرگە بەرگەن) ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر②، كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبلىك، ھامان تۈرلۈك بالايىئاپەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ياكى بالايىئاپەت ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ③، شەكسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ [31]. سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىندى (شۇڭا قايغۇرمىغىن). كاپىرلارغا***

*بېرىلىدىغان ئازابنى بىر مۇددەت كېچىكتۈردۈم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق ئىكەن؟④ [32].*

① ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق ساماۋى كىتاب قۇرئان دەپ ئاتىلىدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا تىلاۋەت قىلىش ئىنتايىن يەڭگىل قىلىندى. ئۇ ئېتىنى ئىگەرلەشكە بۇيرۇۋېتىپ، ئاندىن ئېتى ئىگەرلىنىپ بولۇشتىن بۇرۇن قۇرئاننى (يەنى زەبۇرنى) تىلاۋەت قىلىپ تۈگىتىپ بولاتتى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكىدىنلا يەيتتى». (سەھىھۇل بۇخارى 3417-ھەدىس) بۇ ھەدىستە زەبۇر «قۇرئان» دەپ ئاتالغان. ﴿مۇبادا بىر قۇرئان (يەنى ساماۋى كىتاب) بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تاغلار يۆتكىلىدىغان بولسا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇبادا ئىلگىرى بىر ساماۋى كىتاب نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاش بىلەن تاغلار ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىدىغان ياكى يەر يېرىلىپ كېتىدىغان ياكى قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر تىرىلىپ، سۆزلەپ كېتىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە شۇ سۈپەتلەر بىرىنچى بولۇپ قۇرئان كەرىمدە تېپىلغان بولاتتى، چۈنكى بۇ قۇرئان مۆجىزە ۋە بالاغەت جەھەتتە ئىلگىرىكى بارلىق كىتابلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئەگەر بۇ قۇرئان كەرىم ئارقىلىق مەزكۇر مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ كۇففارلار ئىمان ئېيتمايتتى، چۈنكى ئىمان ئېيتىش ياكى ئېيتماسلىق مۆجىزىلەرگە باغلىق ئەمەس بەلكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىقتۇر. شۇڭا ﴿ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر﴾

② يەنى قىيامەت بولغانغا قەدەر ياكى مۇسۇلمانلار تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەنگە قەدەر.

③ ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا بالايىئاپەتلەر چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇ بالايىئاپەتلەردىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرىدۇ ياكى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

④ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زالىمغا ئەلۋەتتە مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇنى جازالىغان چاغدا ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ. » ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك

قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾. (سۈرە ھۇد 102 ـ ئايەت). ) سەھىھۇل بۇخارى 4686 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2583 ـ ھەدىس)

أَفَمَنْ هُوَ قَآئِمٌ عَلَىٰ كُلِّ نَفْسِۭ بِمَا كَسَبَتْۗ وَجَعَلُواْ لِلَّهِ شُرَكَآءَ قُلْ سَمُّوهُمْۚ أَمْ تُنَبِّـُٔونَهُۥ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِى ٱلْأَرْضِ أَم بِظَٰهِرٍ مِّنَ ٱلْقَوْلِۗ بَلْ زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ مَكْرُهُمْ وَصُدُّواْ عَنِ ٱلسَّبِيلِۗ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنْ هَادٍ ﴿٣٣﴾

*ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى زات (ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشامدۇ؟)① ، ئۇلار ئاللاھقا شېرىكلەر قىلىۋالدى. ئۇلارغا: «بۇتلارنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ بېقىڭلار② ، يەر يۈزىدە ئاللاھ بىلمەيدىغان (نەرسىلەر باردەك، ئۇ) نەرسىلەرنى سىلەر ئاللاھقا ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟ ياكى (ئاساسى يوق) قۇرۇق گەپ قىلىۋاتامسىلەر؟ (يەنى دەلىلسىزلا ئۇلارنى ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئاتاۋاتامسىلەر؟③)» دېگىن. بەلكى كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ مىكرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى④ ، ئۇلار توغرا يولدىن مەنئى قىلىندى. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر⑤ [33].*

① بۇ يەردىكى سوئالنىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان، يەنى مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان، ھېچكىمگە نە پايدا، نە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ھېچنەرسىنى كۆرمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان، ئەقىل ـ ئىدراكتىن خالىي، باتىل مەبۇدلار بۈيۈك ئاللاھ بىلەن باراۋەر بولالامدۇ؟

② يەنى ئۇ بۇتلارنىڭ ناملىرىنى بىزگىمۇ ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىزمۇ تونۇۋالايلى! چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتتە مەۋجۇت ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن كېيىنكى ئايەتتە ﴿يەر يۈزىدە ئاللاھ بىلمەيدىغان (نەرسىلەر باردەك، ئۇ) نەرسىلەرنى سىلەر ئاللاھقا ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟﴾ دېيىلدى. يەنى ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر مەۋجۇت بولىدىغان

بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە بىلگەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ھېچنەرسە مەخپىي ئەمەستۇر. (فەتھۇلقەدىر)

③ بۇ يەردىكى ﴿بِظَاهِرٍ مِّنَ الْقَوْلِ﴾ قۇرۇق گۇمان مەنىسىدە. يەنى ياكى بۇ پەقەت سىلەرنىڭ گۇمانىي قاراشلىرىڭلاردۇر. دېمەك سىلەر ئۆز گۇمانىڭلار بويىچە بۇتلار پايدا يەتكۈزەلەيدۇ، زىيان كەلتۈرەلەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا چوقۇنامسىلەر؟ ئۇ بۇتلارنى سىلەر ئۆزۈڭلار مەبۇد دەپ ئاتىۋالغان ئەمەسمۇ؟ ﴿بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا-بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، ئاللاھ بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر دەلىل-پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك-شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسىلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ﴾. (سۈرە نەجم 23-ئايەت)

④ ﴿مَكْرُهُمْ﴾ «ئۇلارنىڭ مىكرى» دېگەندە ئۇلارنىڭ خاتا ئېتىقاد ۋە ئەمەللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، شەيتان گۇمراھلارغا ئۇلارنىڭ خاتا ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى زالالەتتە قالدۇردى.

⑤ شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ بىر كىمنىڭ گۇمراھلىقىنى ئىرادە قىلسا، سەن ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاللاھقا قارشى ھېچ نەرسە قىلالمايسەن (يەنى ھېچكىم ئۇ ئادەمدىن گۇمراھلىقنى توسۇشقا قادىر بولالمايدۇ)﴾. (سۈرە مائىدە 41-ئايەت) ﴿سەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، ئاللاھ ئۆزى گۇمراھ قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارغا (ئاللاھتىن باشقا) ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ﴾. (سۈرە نەھل 37-ئايەت)

لَّهُمْ عَذَابٌ فِي الْحَيَوٰةِ الدُّنْيَا ۖ وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَشَقُّ ۖ وَمَا لَهُم مِّنَ
اللَّهِ مِن وَاقٍ ﴿٣٤﴾ ۞ مَّثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ ۖ تَجْرِي مِن
تَحْتِهَا الْأَنْهَـٰرُ ۖ أُكُلُهَا دَآئِمٌ وَظِلُّهَا ۚ تِلْكَ عُقْبَى الَّذِينَ اتَّقَوا ۖ وَّ
عُقْبَى الْكَـٰفِرِينَ النَّارُ ﴿٣٥﴾ وَالَّذِينَ ءَاتَيْنَـٰهُمُ الْكِتَـٰبَ يَفْرَحُونَ
بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ ۖ وَمِنَ الْأَحْزَابِ مَن يُنكِرُ بَعْضَهُۥ ۚ قُلْ إِنَّمَآ

أُمِرۡتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱللَّهَ وَلَآ أُشۡرِكَ بِهِۦٓۚ إِلَيۡهِ أَدۡعُواْ وَإِلَيۡهِ مَـَٔابِ ٣٦

*ئۇلارغا دۇنيا ھاياتىدا ئازاب بار①، يەنە ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر②، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچكىم يوقتۇر [34]. تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇ تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر؛ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى بولسا دوزاختۇر③ [35]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز كىتاب بەرگەنلەر④ ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان بىلەن خۇشال بولىدۇ⑤. يەنە (ساڭا قارشى) ئىتتىپاق تۈزگەنلەرنىڭ ئارىسىدا (ھەقلىقنى بىلىپ تۇرۇپ گەدەنكەشلىكتىن) قۇرئاننىڭ بەزى جايلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار⑥. ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا (ھېچ نەرسىنى) شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم، مەن (ئىنسانلارنى) پەقەت شۇنىڭغىلا دەۋەت قىلىمەن، مېنىڭ قايتىدىغان يېرىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر» [36].*

① يەنى كاپىرلار دۇنيادا مۇئمىنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئەسىر ئېلىنىدۇ.

② شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر - بىرىگە لەنەت ئېيتىشقۇچى ئەر-خوتۇنلارغا مۇنداق دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، دۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا قارىغاندا بەك يەڭگىلدۇر». دۇنيانىڭ ئازابى (ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ) ۋاقىتلىق بولۇپ، مەلۇم مۇددەت ئىچىدە تۈگەيدۇ. بىراق ئاخىرەتنىڭ ئازابى داۋاملىق بولۇپ، ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. يەنە جەھەننەم ئوتىنىڭ ھارارىتى دۇنيا ئوتىنىڭ ھارارىتىگە نىسبەتەن 69 ھەسسە ئارتۇقتۇر. يەنە ئوتتىن باشقا ئازابلارمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئازابنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىدا شەك يوقتۇر.

③ مۇئمىنلەرنى جەننەتكە كىرىشكە قىزىقتۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى بىلەن بىرگە تەقۋادارلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى بايان قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتنى سۈپەتلىگەن بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى جەننەتتە يەيدۇ، ئىچىدۇ.

مىشقىرىمايدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ يېگەن - ئىچكەنلىرى ئىپار-ئەنبەرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش پۇراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارغا نەپەس ئېلىش ئىلھام قىلىنغاندەك، ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئۇلارغا ئىلھام قىلىنىدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم 2835 ـ ھەدىس)

④ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇلاردىن قۇرئاننىڭ تەلپىي بويىچە ئەمەل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار قۇرئاننىڭ راستلىقىنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىل - پاكىتلارنى كۆرۈپ ئېخمۇ خۇشال بولىدۇ.

⑥ «ئىنكار قىلىدىغانلار» دېگەندە يەھۇدىيلار، ناسارالار، كۇففارلار ۋە مۇشرىكلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتتىكى «كىتاب» تىن تەۋرات ۋە ئىنجىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەنە شۇلاردىن مۇسۇلمان بولغانلار قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىدىن خۇرسەن بولىدۇ. قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلار بولسا، مۇسۇلمان بولمىغان يەھۇدىي ۋە ناسارالاردۇر.

وَكَذَٰلِكَ أَنزَلۡنَٰهُ حُكۡمًا عَرَبِيّٗاۚ وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم بَعۡدَ مَا
جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا وَاقٖ ٣٧ وَلَقَدۡ
أَرۡسَلۡنَا رُسُلٗا مِّن قَبۡلِكَ وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ أَزۡوَٰجٗا وَذُرِّيَّةٗۚ

***شۇنىڭدەك (يەنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز تىلىدا كىتاب چۈشۈرگىنىمىزدەك)، قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىجرا قىلىنىدىغان) ھۆكۈم قىلىپ نازىل قىلدۇق①، ناۋادا ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن②، ئۇلارنىڭ (يەنى ئەھلى كىتابنىڭ) نەپسى خاھىشلىرىغا③ ئەگىشىپ كېتىدىغان بولساڭ، ساڭا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى ۋە سېنى ئاللاھ )نىڭ ئازابى)دىن قوغداپ قالغۇچى بولمايدۇ④ [37]. شەكسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، ئۇلارغا ئاياللار ۋە باللارنى بەرگەن ئىدۇق⑤،***

① يەنى سەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئاسماندىن شۇلارنىڭ تىلىدا كىتابلارنى نازىل قىلغىنىمىزدەك، ساڭا قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق. چۈنكى سەن تۇنجى بولۇپ دەۋەت قىلغان يەتكۈزىدىغانلار ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلنى بىلمەيدىغان قەۋمدۇر. ئەگەر بۇ قۇرئان باشقا بىر تىلدا نازىل قىلىنغان بولسا، ئۇلار چۈشىنەلمىگەن بولاتتى، ھىدايەتنى قوبۇل قىلماسلىققا ئۆزرە قىلىشالاتتى. بىز قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈپ، ئۆزرىگە ئورۇن قالدۇرمىدۇق.

② بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي ئارقىلىق ئاتا قىلىنغان ئىلىم كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەھلى كىتابنىڭ خاتا ئېتىقادلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن.

③ بۇنىڭدىن ئەھلى كىتابنىڭ بىر قىسىم خاھىشلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلىشىنى خالايتتى، مەسىلەن: ئۇنىڭدىن بەيتۇلمۇقەددەسنى ئىزچىل تۇردە قىبلە تۇتۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىق قاتارلىقلارنى كۈتەتتى.

④ شۈبھىسىزكى بۇ ئايەت ئىلىم ئىگىلىرىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇركى، ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئوچۇق ئەھكاملىرىغا زىت كېلىدىغان خاھىشلارغا ئەگەشمىسۇن، ئەگەر ئۇلار كىشىلەرنىڭ خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كەتسە، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ.

⑤ يەنى سەندىن ئىلگىرى كەلگەن ئەلچىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش ئىنسان ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ قەبىلىسى، ئائىلىسى ۋە خوتۇن-باللىرى بولغان. ئۇلار پەرىشتىمۇ ئەمەس، ئىنسان شەكلىدە كەلگەن نۇرلۇق مەخلۇقمۇ ئەمەس ئىدى. بەلكى ئىنسانلار جۈملىسىدىن بولغان ئادەمزات ئىدى. ئەگەر ئۇلار پەرىشتە بولغان بولسا، ئىنسانلار بىلەن چىقىشالمىغان ۋە ئۇلارغا يېقىنلىشىشمۇ مۇمكىن بولمىغان بولاتتى، نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىكى مەقسەتمۇ ئادا بولمىغان بولاتتى. ناۋادا پەرىشتىلەر ئىنسان بولسا، دۇنيادا نە ئۇلارنىڭ مىللىتى، جەمەتى، نە خوتۇن-باللىرى بولمىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، بارلىق پەيغەمبەرلەر ئادەمزات ئىدى، ئىنسان شەكلىدىكى پەرىشتىمۇ

ئەمەس ياكى نۇرلۇق مەخلۇقمۇ ئەمەس ئىدى. مەزكۇر ئايەتتىكى «ئاياللار» دېگەن سۆز تەركى دۇنيا بولۇپ كېتىشكە رەددىيەدۇر. شۇنىڭدەك «باللار» دېگەن سۆز پىلانلىق تۇغۇتقا رەددىيەدۇر. چۈنكى «باللار» دېگەن سۆز كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، ئاز دېگەندە ئىككىدىن ئارتۇق سانىنى كۆرسىتىدۇ.

وَمَا كَانَ لِرَسُولٍ أَن يَأۡتِيَ بِـَٔايَةٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ لِكُلِّ أَجَلٖ كِتَابٞ ٣٨
يَمۡحُواْ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ وَيُثۡبِتُۖ وَعِندَهُۥٓ أُمُّ ٱلۡكِتَٰبِ ٣٩ وَإِن مَّا
نُرِيَنَّكَ بَعۡضَ ٱلَّذِي نَعِدُهُمۡ أَوۡ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِنَّمَا عَلَيۡكَ ٱلۡبَلَٰغُ
وَعَلَيۡنَا ٱلۡحِسَابُ ٤٠

***ھېچبىر پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ① ، ھەربىر مۇددەتنىڭ (يېزىلغان) ھۆكمى بولىدۇ② [38]. ئاللاھ (ئەھكاملاردىن) خالىغىنىنى ئۆچۈرىدۇ (بىكار قىلىدۇ)، خالىغىنىنى ئۆز پېتى قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر③ [39]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلغان (ئازاب)نىڭ بىر قىسمىنى (ئۇلارغا چۈشۈرۈش بىلەن سېنىڭ ھايات ۋاقتىڭدا) ساڭا كۆرسەتسەكمۇ ياكى سېنى (مۇشرىكلارغا ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن) ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر، بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر [40].***

① يەنى مۆجىزە كەلتۈرۈش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس، ئۇلار قەۋملىرى قاچان مۆجىزە تەلەپ قىلسىلا، شۇئان مۆجىزە كۆرسىتىشكە قادىر ئەمەس. بۇ پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بويىچە مۆجىزە كەلتۈرۈش زۆرۈرمۇ-يوق؟ ئەگەر زۆرۈر بولسا، قاچان ۋە قانداق كۆرسىتىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆزى قارار قىلىدۇ.

② يەنى ئاللاھ تائالا قايسىبىر ئىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇئەييەن بىر ۋاقىت بەلگىلەيدۇ، ئۇ ئىش بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا چوقۇم

ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ جۈملىدە ئىلگىرى-كېيىنلىك مەۋجۇت. ئەسلىي ئىبارە مۇنداق: «لِكُلِّ كِتَابٍ أَجَلٌ «ھەربىر ھۆكۈمنىڭ (يېزىلغان، بەلگىلەنگەن) ۋاقتى ۋە مۇددىتى بولىدۇ، يەنى ئاللاھ تائالا يازغان ھەربىر ھۆكۈمنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتى بولىدۇ، دېمەك ئىش كۇففارلارنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بويىچە ئەمەس بەلكى پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويىچە بولىدۇ.

③ بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى مۇنداق: ئاللاھ تائالا خالىغان ھۆكۈمنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز پېتى قالدۇرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى: ئاللاھ ئۆزى يازغان تەقدىرنىڭ بەزىسىنى ئۆچۈرىدۇ، بەزىسىنى ئۆز پېتى قالدۇرىدۇ، يەنى ئۇنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ، چۈنكى، لەۋھۇلمەھپۇز ئۆزىنىڭ ئىلكىدىدۇر. بۇ مەزمۇننى تۆۋەندىكى ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ: «ئادەم گۇناھلىرى سەۋەبىدىن رىزىقتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرىنى پەقەت دۇئالا ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە سىلە-رەھىم قىلىش ئۇنىڭ ئۆمرىنى زىيادە قىلىدۇ» (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 277-بەت) بەزى ساھابىلەرنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقى نەقىل قىلىنغان: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ئىسمىم بەختلىكلەر قاتارىدا بولسا، ئۇنى ئۆز پېتى قالدۇرغىن. ئەگەر ئىسمىم بەختسىزلەر قاتارىدا بولسا، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، بەختلىكلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن». ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تاۋاپ جەريانىدا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى ئاللاھ! ئەگەر مېنىڭ تەقدىرىمگە بەختسىزلىكنى ياكى گۇناھنى يازغان بولساڭ ئۇنى ئۆچۈرۈپ، ئورنىغا بەخت-سائادەت ۋە مەغپىرەت يېزىپ قويغىن. ھەقىقەتەن سەن خالىغان نەرسىنى ئۆچۈرىسەن ۋە خالىغان نەرسىنى ئۆز پېتى قالدۇرىسەن. (ھەممە نەرسە يېزىلىدىغان) لەۋھۇلمەھپۇز سېنىڭ دەرگاھىڭدىدۇر.» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

بۇ چۈشەنچە «قەلەم قىيامەتكىچە بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى يېزىپ، رەڭلىرى قۇرۇپ بولدى» دېگەن (سەھىھۇل بۇخارى 5076-ھەدىس) بىلەن توقۇنۇشۇپ قالامدۇ؟ دېيىلسە، جاۋابى شۇكى، يېزىلغاننى ئۆچۈرۈش ۋە ئۆز پېتى قالدۇرۇشمۇ قازا ۋە قەدەر جۈملىسىدىندۇر. (فەتھۇلقەدىر)

أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّا نَأْتِي ٱلْأَرْضَ نَنقُصُهَا مِنْ أَطْرَافِهَا ۚ وَٱللَّهُ يَحْكُمُ لَا

مُعَقِّبَ لِحُكْمِهِۦۚ وَهُوَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٤١﴾ وَقَدْ مَكَرَ ٱلَّذِينَ مِن
قَبْلِهِمْ فَلِلَّهِ ٱلْمَكْرُ جَمِيعًاۖ يَعْلَمُ مَا تَكْسِبُ كُلُّ نَفْسٍۗ وَسَيَعْلَمُ
ٱلْكُفَّٰرُ لِمَنْ عُقْبَى ٱلدَّارِ ﴿٤٢﴾ وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَسْتَ مُرْسَلًاۚ
قُلْ كَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًۢا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ وَمَنْ عِندَهُۥ عِلْمُ
ٱلْكِتَٰبِ ﴿٤٣﴾

*ئۇلار بىزنىڭ زېمىننى ئەتراپىدىن تارايتىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى (يەنى كاپىرلارنىڭ زېمىننى قەدەممۇ قەدەم پەتھى قىلىپ، ئىسلام يۇرتىغا قوشۇۋاتقانلىقىمىزنى) كۆرمەيۋاتامدۇ؟① ئاللاھ (خالىغانچە) ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ② . ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر [41]. ئۇلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن ئىلگىرىكىلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە قارشى) ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ئىدى. (ئۇلارنىڭ بارلىق ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بەربات قىلىدىغان) تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر③ ، ئاللاھ ھەربىر كىشىنىڭ قىلىۋاتقان (ياخشى ـ يامان) ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ④، كاپىرلار كىمنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدىغانلىقىنى پات يېقىندا بىلىپ قالىدۇ [42]. (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلار: «سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىمگە) سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئاللاھنىڭ⑤ ۋە ئىلكىدە كىتابنىڭ ئىلمى بولغانلار (يەنى ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىدىن ئىمان ئېيتقانلار) نىڭ گۇۋاھلىقى⑥ يېتەرلىكتۇر» [43] .*

① يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ زېمىنلىرى تەدرىجىي تارىيىۋاتىدۇ، ئىسلام كۈنسېرى غەلىبىدىن غەلىبىگە يۈكسىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟

② يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ھېچكىم رەت قىلالمايدۇ.

③ يەنى مەككە مۇشرىكلىرىدىن ئىلگىرىمۇ كىشىلەر پەيغەمبەرلەرگە قارشى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ كەلگەن، لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ

تەدبىرى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇنداقلا كەلگۈسىدىمۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ھەرگىز توسالغۇ بولالمايدۇ.

④ يەنى ئاللاھ تائالا ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلگە قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بەرگۈچىدۇر. ياخشىغا ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە يامانغا يامانلىقىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

⑤ ئاللاھ گۇۋاھكى، مەن بولسام ئۇنىڭ راست ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگۈچىمەن ۋە سىلەر بولساڭلار يالغانچىسىلەر.

⑥ بۇ يەردىكى ﴿الْكِتَٰبِ﴾ تۇرنى بىلدۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەۋرات ۋە ئىنجىلغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغانلار، مەسىلەن: ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، سەلمان فارىسى ۋە تەمىم دارىي قاتارلىقلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) يەنى ئەنە شۇلار مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. ئەرەب مۇشرىكلىرى بەزى ئىشلاردا ئەھلى كىتابقا مۇراجىئەت قىلاتتى ۋە ئۇلاردىن مەسىلە سورايتتى. ئاللاھ تائالا بۇيەردە ئۇلارنى ئەھلى كىتابتىن سوراپ بېقىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردىكى «كىتاب» دېگەندىن قۇرئان كەرىم، «ئىلكىدە كىتابنىڭ ئىلمى بولغانلار» دېگەندىن مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر «كىتاب» دېگەندىن لەۋھۇلمەھپۇز كۆزدە تۇتۇلىدۇ، لەۋھۇلمەھپۇزدىكى ئىلمنى بىلگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر، دەيدۇ. ئەمما بىرىنچى ئۇقۇم ئەڭ توغرا دەپ قارىلىدۇ.

# سۈره ئىبراھىم

| (١٤) سورة إبراهيم مكية ٥٢ آية | (14) سۈره ئىبراھىم مەككىدە چۈشكەن 52 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓرۚ كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ إِلَيۡكَ لِتُخۡرِجَ ٱلنَّاسَ مِنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ
بِإِذۡنِ رَبِّهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَمِيدِ ١ ٱللَّهِ ٱلَّذِي لَهُۥ مَا فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَوَيۡلٞ لِّلۡكَٰفِرِينَ مِنۡ عَذَابٖ شَدِيدٍ ٢
ٱلَّذِينَ يَسۡتَحِبُّونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا عَلَى ٱلۡأٓخِرَةِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ
ٱللَّهِ وَيَبۡغُونَهَا عِوَجًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ضَلَٰلِۭ بَعِيدٖ ٣ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن
رَّسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوۡمِهِۦ لِيُبَيِّنَ لَهُمۡۖ

***ئەلىف. لام. را. (ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان شۇنداق بىر) كىتابتۇركى، بىز ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى رەببىڭنىڭ ئىرادىسى بىلەن① قاراڭغۇلۇقلاردىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا)② ـ ھەممىدىن غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيەلىنىدىغان ئاللاھنىڭ يولىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق [1]. ئۇ شۇنداق ئاللاھكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ***

***ئىلكىدىدۇر. قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدىغان كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋاي! [2]. ئۇلار دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدۇ (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) توسىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ③، ئەنە شۇلار چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر④ [3]. قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتەيلى، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق⑤.***

① پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت. ئەگەر بىر ئادەم ھىدايەت يولىنى تاللىغان بولسا، بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولغان بولىدۇ، چۈنكى ئەسلى ھىدايەت قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. ئەگەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولمىسا، پەيغەمبەر ھەر قانچە ۋەز-نەسىھەت قىلسىمۇ، كىشىلەر ھىدايەت يولىغا كىرمەيدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەقەلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى مۇسۇلمان قىلالمىدى.

② ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمەتلىرىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ﴾. (سۈرە بەقەرە 257-ئايەت) ﴿سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمەتلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئاللاھ بەندىسىگە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى﴾. (سۈرە ھەدىد 9-ئايەت).

③ بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى: كاپىرلار ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى كىشىلەرگە يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن قۇسۇر ئىزدەيدۇ ۋە ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئىككىنچى مەنىسى: ئۇلار ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى ۋە يامان غەرەزلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدۇ.

④ چۈنكى ئۇلاردا مەزكۇر ئىللەتلەر جەملەنگەن، مەسىلەن: دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ھاياتىدىن ئارتۇق كۆرۈش، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ۋە ئىسلامدىن قۇسۇر ئىزدەش قاتارلىقلار.

⑤ ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا مېھىر-شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇلارنى

توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كىتابلارنى چۈشۈردى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. ئەنە شۇ مېھىر-شەپقەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ توغرا يولنى چۈشىنىشتە قىينىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەربىر پەيغەمبەرنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان قىلىپ ئەۋەتتى.

فَيُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٤
وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ أَنۡ أَخۡرِجۡ قَوۡمَكَ مِنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى
ٱلنُّورِ وَذَكِّرۡهُم بِأَيَّىٰمِ ٱللَّهِۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّكُلِّ صَبَّارٖ
شَكُورٖ ٥ وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ
أَنجَىٰكُم مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَسُومُونَكُمۡ سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ وَيُذَبِّحُونَ
أَبۡنَآءَكُمۡ وَيَسۡتَحۡيُونَ نِسَآءَكُمۡۚ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَآءٞ مِّن رَّبِّكُمۡ
عَظِيمٞ ٦

***ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازغۇن قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ① (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت دىننى يەتكۈزۈش بولۇپ، ھىدايەت قىلىش ئىشى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر). ئاللاھ غالىبتۇر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [4]. شەكسىزكى، بىز مۇسانى «قەۋمىڭنى قاراڭغۇلۇقلاردىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقارغىن②، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كۈنلىرىنى (يەنى نېمەتلىرىنى) ئەسلەتكىن③» دەپ مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ھەربىر (بالاغا) سەۋر قىلغۇچى، (نېمەتكە) شۈكۈر قىلغۇچى ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار④ [5]. مۇسا ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىگە: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار. ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋن قەۋمىدىن قۇتقۇزدى، ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، ئاياللىرىڭلارنى (قىزلىرىڭلارنى خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن) ھايات قالدۇراتتى. بۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە) چوڭ بىر سىناق بار ئىدى⑤» دېگەن ئىدى [6].***

① بۇ قەدەر ئوچۇق بايان ۋە چۈشەندۈرۈشلەر تۇرسىمۇ، ھىدايەت يەنىلا ئاللاھ خالىغان كىشىگە نېسىپ بولىدۇ.

② يەنى ئى مۇھەممەد! بىز ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز ۋە ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغىنىمىزدەك، مۇساغا دەلىل ۋە مۆجىزە بېرىپ، قەۋمىنى كۇفرى ۋە جاھالەت قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. بۇ يەردىكى ﴿ءَايَٰتِ﴾ دېگەندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان مۆجىزىلەر ياكى سۈرە ئىسرادا تىلغا ئېلىنغان توققۇز مۆجىزە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ ﴿أَيَّىٰمِ ٱللَّهِ﴾ دېگەندىن ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىلغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ نېمەتلەر ئىلگىرى تەپسىلىي بايان قىلىندى. يەنە بىر مەنىسى، بۇ يەردىكى ﴿أَيَّىٰمِ﴾نى كۈنلەر، ۋەقە-ھادىسىلەر مەنىسىدە كەلگەن دەپ ئالساق، ئۇلارغا ئۇلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقە ۋە كۈنلەرنى ئەسلەتكىنكى، ئۇ كۈنلەردە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئالاھىدە نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئىدى، دېگەن ئۇقۇم چىقىدۇ. بۇ نېمەتلەرنىڭ بەزىسى بۇ يەردە بايان قىلىنىدۇ.

④ سەۋر قىلىش بىلەن شۈكۈر قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئىككى خىسلەت بولۇپ، ئىمان شۇ ئىككىسىنىڭ ئورىتىسى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتتە پەقەت مەزكۇر ئىككى سۈپەت ئاشۇرما دەرىجىدە كەلگەن، ﴿صَبَّارٍ﴾ ناھايىتى كۆپ سەۋر قىلغۇچى، ﴿شَكُورٍ﴾ ناھايىتى كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. چۈنكى شۈكۈر سەۋرنىڭ نەتىجىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مۆئمىننىڭ ھەممە ئىشى ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۆئمىنگە قايسىبىر ئىشتا بىر ھۆكۈم قىلسا، ئۇ ھۆكۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ مۆئمىنگە بىرەر قاتتىقچىلىق يەتسە، سەۋر قىلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ مۆئمىنگە ياخشىلىق يەتسە، شۈكۈر قىلىدۇ. ئۇنىڭ شۈكۈر قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر». (سەھىھ مۇسلىم 2999-ھەدىس)

⑤ يەنى بۇ بىر چوڭ سىناق بولغاندەك، ئۇنىڭدىن نىجاتلىق ئاتا قىلىشمۇ، ئاللاھنىڭ چوڭ بىر نېمىتى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بەزى تەرجىمانلار ﴿بَلَآءٌ﴾نى سىناق دەپ تەرجىمە قىلسا، بەزىلىرى نېمەت دەپ

تەرجىمە قىلغان.

وَإِذۡ تَأَذَّنَ رَبُّكُمۡ لَئِن شَكَرۡتُمۡ لَأَزِيدَنَّكُمۡۖ وَلَئِن كَفَرۡتُمۡ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٞ ۝٧ وَقَالَ مُوسَىٰٓ إِن تَكۡفُرُوٓاْ أَنتُمۡ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا فَإِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِيٌّ حَمِيدٌ ۝٨

***ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلار: «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن①. ئەگەر تۇزكورلۇق (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر②» دەپ جاكارلىدى③ [7]. مۇسا (ئۆز قەۋمىگە): «ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر). چۈنكى ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر④» دېدى [8].***

① يەنى مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە نېمىتىمنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىمەن.

② دېمەك نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش (يەنى شۈكۈر قىلماسلىق) ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلىنغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن جەھەننەمگە كىرىپ كېتىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2577-ھەدىس)

③ ﴿تَأَذَّنَ﴾ «جاكارلىدى»نىڭ مەنىسى "أَعْلَمَكُمْ بِوَعْدِهِ لَكُمْ» يەنى ئاللاھ ئۆز ۋەدىسىنى سىلەرگە بىلدۈردى ۋە ئاگاھلاندۇردى. يەنە قەسەم قىلىش مەنىسىدىمۇ كېلىش ئېھتىمالى بار، يەنى ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار ئۆز ئىززىتى ۋە كاتتىلىقى بىلەن قەسەم قىلىپ دېدىكى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ دېمەك ئىنسان ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئادا قىلسا، پايدىسى ئۆزىگە بولىدۇ. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلسا، ئاللاھقا نېمە زىيان؟ ئەگەر پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسىمۇ، ئاللاھقا قىلچە زىيان

يەتكۈزەلمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلىرىڭلار ۋە كېيىن كېلىدىغانلىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىلى ئەڭ تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ مۈلۈكۈمدىن ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلىرىڭلار ۋە كېيىن كېلىدىغانلىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىلى ئەڭ پاسىق بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ مۈلۈكۈمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەنلىرىڭلار ۋە كېيىن كېلىدىغانلىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلار بىر تۈزلەڭلىكتە تۇرۇپ مەندىن تىلىسە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تىلىگىنىنى بەرسەممۇ، خۇددى دېڭىزغا سېلىنغان بىر تال يىڭنە سۇدىن ئېلىپ چىقىلغاندا دېڭىزنىڭ سۈيىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتەلمىگەندەك، مېنىڭ مۈلۈكۈمدىن ھېچنېمە كېمىيىپ قالمايدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2577-ھەدىس) ئاللاھ تائالا پاكتۇر، يۈكسەكتۇر، ھەممە نەرسىدىن بىھاجەتتۇر ۋە مەدھىيەلەرگە لايىقتۇر.

أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَبَؤُا۟ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ
وَٱلَّذِينَ مِنۢ بَعْدِهِمْ لَا يَعْلَمُهُمْ إِلَّا ٱللَّهُ ۚ جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ
فَرَدُّوٓا۟ أَيْدِيَهُمْ فِىٓ أَفْوَٰهِهِمْ وَقَالُوٓا۟ إِنَّا كَفَرْنَا بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ
وَإِنَّا لَفِى شَكٍّ مِّمَّا تَدْعُونَنَآ إِلَيْهِ مُرِيبٍ ﴿٩﴾ ۞ قَالَتْ رُسُلُهُمْ أَفِى
ٱللَّهِ شَكٌّ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ يَدْعُوكُمْ لِيَغْفِرَ لَكُم مِّن
ذُنُوبِكُمْ وَيُؤَخِّرَكُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ قَالُوٓا۟ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا

***سىلەردىن ئىلگىرىكىلەردىن نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن، (سانىنى) پەقەت ئاللاھلا بىلىدىغان ئۈممەتلەرنىڭ خەۋىرى سىلەرگە يەتمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار قوللىرى بىلەن***

*پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىبغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ① (يەنى ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى كۆرسىتىپ): «بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى راستىنلا ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشتىن ھەقىقەتەن چوڭقۇر شەك ئىچىدىمىز②» دېدى [9]. پەيغەمبەرلىرى: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى ئاللاھتا (يەنى ئۇنىڭ بىرلىكىدە) شەك بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلاردىن بىر قىسمىنى مەغپىرەت قىلىش ۋە سىلەرنى مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلىڭلار يەتكۈچە) ياشىتىش ئۈچۈن سىلەرنى (ئىمانغا) دەۋەت قىلىۋاتىدۇ③» دېدى. ئۇلار: «سىلەرمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان④،*

① مۇپەسسىرلەر بۇ ئىبارىنىڭ بىر نەچچە مەنىسىنى بايان قىلدى: بىرىنچىسى، پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى ئىبغىزلىرىغا تىقىپ، پەيغەمبەرلەرگە: سىلەرگە بېرىدىغان جاۋابىمىز پەقەت بىرلا، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز، دېدى. ئىككىنچىسى، ئۇلار قوللىرى بىلەن ئىبغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ، گەپ قىلماڭلار! پەيغەمبەر تەرەپكە يۈزلەنمەڭلار! دېدى. ئۈچىنچىسى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى ئىبغىزلىرىغا تىقتى، خۇددى بىر كىشى كۈلكىسىنى بېسىش ئۈچۈن قولىنى ئاغزىغا ئېلىپ بارغاندەك. تۆتىنچىسى، ئۇلار قوللىرىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىبغىزلىرىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، دەۋەت قىلىشتىن توختاڭلار! سۈكۈت قىلىڭلار! دېدى. بەشىنچىسى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن قوللىرىنى چىشلىدى. بۇ خۇددى مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر ئايەتتىكى ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ﴿سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ﴾ . (سۈرە ئال ئىمران 119-ئايەت). ئىمام شەۋكانى ۋە ئىمام تەبەرى مۇشۇ ئاخىرقى ئۇقۇمنى توغرا دەپ قارىغان.

② ﴿مُرِيبٍ﴾ يەنى ئىنساننىڭ كۆڭلىنى قاتتىق بىئارام ۋە ئىزتىراپ قىلىدىغان شەك ۋە گۇمان.

③ يەنى سىلەر ئاسمان-زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا ھەققىدە شەك-شۈبھىدە بولامسىلەر؟ ئۇ سىلەرنى گۇناھىڭلاردىن پاك قىلىش ئۈچۈن ئىمانغا ۋە تەۋھىدكە دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرسىمۇ، سىلەر

ئاسمان-زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھقا ئىمان ئېيتماي، ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلىۋاتامسىلەر؟

④ ئىنسان قانداقمۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇشقا لايىق بولالايدۇ؟ دېگەن بۇ سوئال كاپىرلارغا توسالغۇ بولۇپ، ئىدىيەسىدىن ئۆتمەي كەلگەن بىر مەسىلىدۇر.

تُرِيدُونَ أَن تَصُدُّونَا عَمَّا كَانَ يَعْبُدُ ءَابَآؤُنَا فَأْتُونَا بِسُلْطَٰنٍ
مُّبِينٍ ﴿١٠﴾ قَالَتْ لَهُمْ رُسُلُهُمْ إِن نَّحْنُ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ وَلَٰكِنَّ
ٱللَّهَ يَمُنُّ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۖ وَمَا كَانَ لَنَآ أَن نَّأْتِيَكُم
بِسُلْطَٰنٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١١﴾ وَمَا لَنَآ أَلَّا
نَتَوَكَّلَ عَلَى ٱللَّهِ وَقَدْ هَدَىٰنَا سُبُلَنَا ۚ وَلَنَصْبِرَنَّ عَلَىٰ مَآ ءَاذَيْتُمُونَا ۚ
وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿١٢﴾

***سىلەر بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولۇۋاتىسىلەر① ، ئۇنداقتا ، (راستلىقىڭلارغا) بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار②» دېدى [10]. پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: «(توغرا) بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانمىز ، لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلىكنى) مەرھەمەت قىلىدۇ③ ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولماستىن سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز④ ، مۇئمىنلەر (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن⑤ (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن) [11] ئاللاھ بىزنى (مېڭىشقا تېگىشلىك) يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا ، نېمىشقا ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلمايمىز؟ سىلەر بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلەرگە ئەلۋەتتە سەۋر قىلىمىز ، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن⑥» دېدى [12].***

① بۇ ئىككىنچى مەسىلە بولۇپ، ئۇلار: بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ

كېلىۋاتقان بۇ مەبۇدلارنى قانداقمۇ تاشلايمىز؟ سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار بىزنى ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋاز كەچكۈزۈپ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا قايتۇرۇشتىن ئىبارەت.

② پاكىتلار ۋە مۆجىزىلەر ھەربىر پەيغەمبەرگە كەلگەن ئىدى. بۇ يەردىكى «ئېنىق پاكىت» تىن ئۇلار كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان مۆجىزە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، مەسىلەن: مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەر خىل مۆجىزىلەر تەلەپ قىلغان ئىدى، بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئىسرادا كېلىدۇ.

③ پەيغەمبەرلەر ئۇلارنىڭ بىرىنچى مەسىلىسىگە جاۋابەن دېدىكى، توغرا، بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان، ئەمما سىلەرنىڭ ئىنسان پەيغەمبەر بولالمايدۇ، دېگەن قارىشىڭلار خاتادۇر، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلار ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بىزنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىك بىلەن شەرەپلەندۈردى.

④ ئۇلارنىڭ پاكىت ۋە مۆجىزە تەلەپ قىلغان سوئالىغا قارىتا پەيغەمبەرلەر جاۋاب بېرىپ دېدىكى، مۆجىزە كەلتۈرۈش بىزنىڭ ئىلكىمىزدىكى ئىش ئەمەس، بۇ پەقەت بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر.

⑤ بۇ يەردىكى «مۇئمىنلەر» بىرىنچى بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنى كۆرسىتىدۇ، يەنى بىز پەيغەمبەرلەر پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك كېيىنكى ئايەتتە ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ﴿نېمىشقا ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلمايمىز؟﴾

⑥ چۈنكى ئاللاھ ئۆزى كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرى ۋە يامانلىقلىرىدىن بىزنى ساقلىغۇچىدۇر. بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ: بىزدىن مۆجىزە تەلەپ قىلماڭلار! ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىڭلار! ئەگەر ئۇ خالىسا، مۆجىزە ئەۋەتىدۇ، خالىمىسا، ئەۋەتمەيدۇ.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِرُسُلِهِمۡ لَنُخۡرِجَنَّكُم مِّنۡ أَرۡضِنَآ أَوۡ لَتَعُودُنَّ
فِي مِلَّتِنَاۖ فَأَوۡحَىٰٓ إِلَيۡهِمۡ رَبُّهُمۡ لَنُهۡلِكَنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٣ وَلَنُسۡكِنَنَّكُمُ

ٱلْأَرْضَ مِنۢ بَعْدِهِمْ ۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَافَ مَقَامِى وَخَافَ وَعِيدِ ﴿١٤﴾
وَٱسْتَفْتَحُوا۟ وَخَابَ كُلُّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ ﴿١٥﴾

***كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: «سىلەرنى يۇرتىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى سىلەر چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. رەببى ئۇلارغا: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز① [13]. ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، (ئۇلارنىڭ) زېمىنىدا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز②، مانا بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇرۇشتىن ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر③» دەپ ۋەھىي قىلدى [14]. ئۇلار ئاللاھتىن نۇسرەت تىلىدى④، ھەر بىر ئۆچىغا چىققان مۇتەكەببىر، شەپقەتسىز (يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى [15].***

① ئاللاھ تائالا باشقا سۈرىلەردىمۇ مۇشۇنداق ۋەدە قىلدى: ﴿شەكسىزكى، بىزنىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبەر بەندىلىرىمىزگە قىلغان سۆزىمىز (يەنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىمىز) ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر﴾. (سۈرە ساففات 171-ئايەتتىن 173- ئايەتكىچە) ﴿ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى﴾. (سۈرە مۇجادەلە 21-ئايەت)

② بۇ مەزمۇننىمۇ ئاللاھ تائالا بىر نەچچە جايدا بايان قىلدى، مەسىلەن: ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾. (سۈرە ئەنبىيا 105-ئايەت) (تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن سۈرە ئەئرافنىڭ 128-ئايەتتىن 137-ئايەتكىچە قارالسۇن) دېگەندەك ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇسرەت ئاتا قىلدى، ئۇ مەككىدىن ئامالسىزلىقتىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قانچە يىلدىن كېيىن مەككىنى فەتھى قىلىپ كىردى. ئۇنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان زالىم مۇشرىكلار ئۇنىڭغا باش ئېگىپ، ئۇنىڭ بىر ئىشارەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشىغا بىچارىلەرچە قاراپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ

گۈزەل پەزىلىتى ۋە ئەپۇچانلىقى بىلەن ئۇلارغا: «بۈگۈن سىلەر ھېچقانداق ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر» دەپ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلدى. (ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى ئۇنىڭغا بولسۇن)

③ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿رەببىنىڭ ماقامىدىن (يەنى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ﴾. (سۈرە نازىئات 40-، 41-ئايەتلەر) ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار﴾. (سۈرە رەھمان 46-ئايەت).

④ ﴿اسْتَفْتَحُوا﴾ نىڭ يەنە بىر مەنىسى، «ئۇلار ئاللاھتىن ھۆكۈم تەلەپ قىلدى» دېگەن بولىدۇ، بۇ ئەھۋالدا پېئىلنىڭ ئىگىسى مۇشرىك زالىملار بولىدۇ، ئۇلار ئاخىرى ئاللاھتىن ھۆكۈم تەلەپ قىلدى، يەنى ئەگەر بۇ پەيغەمبەر ھەق بولسا، ئاللاھ بىزگە ئازاب ئەۋەتىپ ھالاك قىلسۇن! دېدى. بۇ مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾. (سۈرە ئەنفال 23-ئايەت)يەنە بەدىر غازىتى بولغان چاغدىمۇ مەككە مۇشرىكلىرى مۇشۇنداق ئارزۇدا بولغان ئىدى. بۇ نۇقتىنى ئاللاھ تائالا سۈرە ئەنفالنىڭ 19-ئايىتىدە تىلغا ئالدى. يەنە بىر مەنىسى، «پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلدى» بۇ ئەھۋالدا پېئىلنىڭ ئىگىسى پەيغەمبەرلەر بولىدۇ، يەنى پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن نۇسرەت تىلىۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى، ئۇلارغا نۇسرەت بەردى.

مِّن وَرَآئِهِۦ جَهَنَّمُ وَيُسْقَىٰ مِن مَّآءٍ صَدِيدٍ ١٦ يَتَجَرَّعُهُۥ وَلَا
يَكَادُ يُسِيغُهُۥ وَيَأْتِيهِ ٱلْمَوْتُ مِن كُلِّ مَكَانٍ وَمَا هُوَ بِمَيِّتٍ ۖ
وَمِن وَرَآئِهِۦ عَذَابٌ غَلِيظٌ ١٧ مَّثَلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِرَبِّهِمْ ۖ
أَعْمَٰلُهُمْ كَرَمَادٍ ٱشْتَدَّتْ بِهِ ٱلرِّيحُ فِى يَوْمٍ عَاصِفٍ ۖ لَّا يَقْدِرُونَ

مِمَّا كَسَبُواْ عَلَىٰ شَيۡءٖۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلضَّلَٰلُ ٱلۡبَعِيدُ ﴿١٨﴾ أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ
خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّۚ إِن يَشَأۡ يُذۡهِبۡكُمۡ وَيَأۡتِ بِخَلۡقٖ
جَدِيدٖ ﴿١٩﴾ وَمَا ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ بِعَزِيزٖ ﴿٢٠﴾ وَبَرَزُواْ لِلَّهِ جَمِيعٗا فَقَالَ
ٱلضُّعَفَٰٓؤُاْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا كُنَّا لَكُمۡ تَبَعٗا فَهَلۡ أَنتُم
مُّغۡنُونَ عَنَّا مِنۡ عَذَابِ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۚ

*ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ① [16]. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى ھەر تەرەپتىن قورشىۋالىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ②، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [17].* رەببىنى ئىنكار *قىلغانلارنىڭ (ياخشىلىق دەپ قىلغان) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ③، ئۇلار قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بۇ قاتتىق ئازغۇنلۇقتۇر (يەنى چوڭ زىياندۇر) [18]. ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق (ھېكمەت) بىلەن ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ خالىسا، (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى كەلتۈرىدۇ [19]. بۇ ئاللاھقا (ھەرگىز) قىيىن ئەمەس④ [20]. (قىيامەت كۈنى مەخلۇقاتنىڭ) ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدۇ⑤، ئاجىزلىرى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرى) مۇتەكەببىرلىرىگە (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە): «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭلار ئىدۇق، سىلەر بىزدىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئازراقنى بولسىمۇ كۆتۈرىۋېتەلەمسىلەر؟» دەيدۇ.*

① ﴿صَدِيدٍ﴾ دوزىخىلەرنىڭ گۆش ۋە تېرىلىرىدىن ئاققان قان-يىرىڭنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىسلەردە ئۇ «دوزىخىلەرنىڭ جىسمىدىن سىقىپ چىقىرىلغان سۇ» (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 171-بەت) دەپ كۆرسىتىلگەن. بەزى ھەدىسلەردە ئۇ قان - يىرىڭ قايناقسۇدەك ئىنتايىن قىزىق بولۇپ، دوزىخى ئادەم ئۇنى ئاغزىغا يېقىن ئەكەلسە، قىزىقلىقى يۈزىنى

كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، بىر يوتۇم ئىچسە، ئۈچەيلىرى پارە ـ پارە بولۇپ، كەينى مەقئەتتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

② يەنى ئۇ ھەر خىل ئازابلارنى چېكىپ، قىينالغانلىقتىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ئۇ يەردە ئۆلۈم بولمايدۇ. ئۇ يەردە داۋاملىق ئازاب بولىدۇ.

③ قىيامەت كۈنى رەببىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى مۇشۇنداق بولىدۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق ساۋاپ بېرىلمەيدۇ.

④ يەنى ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ناپەرمانلىق قىلىشتىن يانمىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. (بۇ مەزمۇن سۈرە فاتىر 15 ـ، 17 ـ ئايەتلەر، يەنە سۈرە مۇھەممەد 38 ـ، سۈرە مائىدە 54 ـ، سۈرە نىسا 133 ـ ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىندى)

⑤ يەنى بارلىق مەخلۇقات مەھشەر مەيدانىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا جەم بولىدۇ، ھېچكىم يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ.

قَالُواْ لَوْ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ لَهَدَيۡنَٰكُمۡۖ سَوَآءٌ عَلَيۡنَآ أَجَزِعۡنَآ أَمۡ صَبَرۡنَا مَا
لَنَا مِن مَّحِيصٖ ﴿٢١﴾ وَقَالَ ٱلشَّيۡطَٰنُ لَمَّا قُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ إِنَّ ٱللَّهَ
وَعَدَكُمۡ وَعۡدَ ٱلۡحَقِّ وَوَعَدتُّكُمۡ فَأَخۡلَفۡتُكُمۡۖ وَمَا كَانَ لِيَ
عَلَيۡكُم مِّن سُلۡطَٰنٍ إِلَّآ أَن دَعَوۡتُكُمۡ فَٱسۡتَجَبۡتُمۡ لِيۖ

***ئۇلار: «ئەگەر ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغان بولاتتۇق، بىز نالە ـ پەرياد قىلساقمۇ، سەۋر قىلساقمۇ، بەرىبىر ئوخشاش، بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق① » دەيدۇ [21]. ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننىتىلەر بىلەن دوزىخىلار ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان②: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ئۇنىڭغا ۋاپا قىلدى)، مەن سىلەرگە***

*(ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، مەن (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم③، مېنىڭ سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇدەك (يەنى كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) كۈچۈم يوق ئىدى④. مەن پەقەت سىلەرنى (كۇفرىلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر دەۋىتىمنى قوبۇل قىلدىڭلار⑤.*

① بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: دوزىخىيلار ئۆزئارا مۇنداق دېيىشىدۇ: جەننەتىيلەر ئاللاھقا يىغلاپ، نالە-زارە قىلىش ئارقىلىق جەننەتكە ئېرىشتى، كېلىڭلار! بىزمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نالە-زارە قىلايلى! دەپ، تازا يىغلاپ نالە قىلىشىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئاندىن ئۇلار: جەننەتىيلەر سەۋر قىلىش ئارقىلىق جەننەتكە ئېرىشكەن، بىزمۇ سەۋر قىلايلى دەپ، ئۆزلىرىنىڭ سەۋرچانلىقىنى نامايەن قىلىشىدۇ، ئەمما بۇنىڭمۇ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. ئاخىرى ئۇلار: بىز مەيلى نالە-پەرياد قىلايلى، مەيلى سەۋر قىلايلى، بەربىر ئوخشاش ئىكەن، ئەمدى بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق ئىكەن، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پاراڭلىرى جەھەننەمدە بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ نۇقتا بىر نەچچە جايدا بايان قىلىنغان. مەسىلەن: (سۈرە مۇئمىن 47-، 48-ئايەتلەر، سۈرە ئەئراف 38-، 39-ئايەتلەر، سۈرە ئەھزاب 6-، 68-ئايەتلەر). ئۇلار خۇسۇمەت قىلىشىپ، بىر-بىرىگە ئازدۇرغانلىق جىنايىتىنى ئارتىشىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خۇسۇمەت مەھشەرگاھتا بولىدۇ.» تەپسىلاتى سۈرە سەبەئ 31-، 33-ئايەتلەردە كېلىدۇ.

② مۇئمىنلەر جەننەتكە؛ كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار دوزاخقا كىرىپ بولغاندا، شەيتان دوزىخىيلارغا شۇنداق دەيدۇ.

③ يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىللىرى ئارقىلىق: «نىجاتلىق مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمگە ئەگەشكەنلەرگە بولىدۇ» دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ۋەدىسى ھەق ۋە راست ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە مېنىڭ ۋەدەم پۈتۈنلەي يالغان ۋە ئالدامچىلىقتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ)، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغانىنلا ۋەدە قىلىدۇ﴾. (سۈرە نىسا 120-ئايەت).

④ ئىككىنچىدىن مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ دەلىل-ئىسپاتى يوق ئىدى، مەن سىلەرگە بېسىمۇ قىلمىغان ئىدىم.

⑤ مەن پەقەت سىلەرنى ئاشۇ نەرسىلەرگە دەۋەت قىلىپلا قويغان ئىدىم. سىلەر مېنىڭ دەلىلسىز سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلدىڭلار، ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىل-پاكىتلىق سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىۋەتتىڭلار.

فَلَا تَلُومُونِي وَلُومُوٓاْ أَنفُسَكُمۖ مَّآ أَنَا۠ بِمُصۡرِخِكُمۡ وَمَآ أَنتُم بِمُصۡرِخِيَّ إِنِّي كَفَرۡتُ بِمَآ أَشۡرَكۡتُمُونِ مِن قَبۡلُۗ إِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٢٢﴾ وَأُدۡخِلَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا بِإِذۡنِ رَبِّهِمۡۖ تَحِيَّتُهُمۡ فِيهَا سَلَٰمٌ ﴿٢٣﴾ أَلَمۡ تَرَ كَيۡفَ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا كَلِمَةٗ طَيِّبَةٗ كَشَجَرَةٖ طَيِّبَةٍ أَصۡلُهَا ثَابِتٞ وَفَرۡعُهَا فِي ٱلسَّمَآءِ ﴿٢٤﴾ تُؤۡتِيٓ أُكُلَهَا كُلَّ حِينِۭ بِإِذۡنِ رَبِّهَاۗ

*شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار①، (بۈگۈن) مەن سىلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭلار ئەمەس، سىلەرمۇ مېنىڭ قۇتقۇزغۇچۇم ئەمەس②، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن③، شۈبھىسىزكى، (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان) زالىملارغا قاتتىق ئازاب بار④» دەيدۇ [22]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار⑤ رەببىنىڭ ئىرادىسى بىلەن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، بۇ جەننەتلەردە ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئۇ يەردە (ئاللاھ، پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر تەرىپىدىن) «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دەپ سالام بېرىلىدۇ⑥ [23]. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ياخشى سۆز (كەلىمە تەييىبە) يىلتىزى (يەرنىڭ ئاستىدا) مۇستەھكەم بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان [24]. رەببىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا*

**مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ⑦.**

① شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پۈتۈنلەي ئۆزۈڭلارنىڭ خاتالىقىدۇر، چۈنكى سىلەر ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئىش قىلمىدىڭلار، روشەن دەلىللەرنى كۆزگە ئىلمىدىڭلار، مۆجىزىلەرگە قاراپمۇ قويمىدىڭلار، دەلىلسىز قۇرۇق گەپكە ئەگەشتىڭلار.

② يەنى مەنمۇ سىلەر دۇچار بولغان ئازابتىن سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ئاللاھنىڭ قەھرى-غەزىپىدىن مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر.

③ مەن يەنە سىلەرنىڭ مېنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغىنىڭلاردىن تانىمەن. ئەگەر سىلەر مېنى ياكى باشقا بىرىنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان بولساڭلار، بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ خاتالىقى ۋە نادانلىقىدىن بولغان. ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھ پۈتۈن كائىناتنى يارىتىپ، ئۇنى ئۆزى يالغۇز باشقۇرۇپ كەلگەن تۇرسا، ئۇنىڭ قانداقمۇ شېرىكى بولسۇن؟

④ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ جۈملىمۇ شەيتاننىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنىڭ ئاخىرىدۇر. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. شەيتاننىڭ سۆزى «ئىتىراپ قىلمايمەن» دېگەن جايدا تامام بولغان.

⑤ بۇ ئايەتتە بەختسىز كاپىرلارنىڭ قارىشىسىدا بەختلىك مۇئمىنلەر تىلغا ئېلىندى. ھەر ئىككىسىنى بىر يەردە كەلتۈرۈشتىن مەقسەت كىشىلەرنى مۇئمىنلەرنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىگە رىغبەتلەندۈرۈشتۇر.

⑥ يەنى جەننەتتە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە دەيدىغان ھۆرمەت سۆزى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» ساڭا ئامانلىق تىلەيمەن، دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. يەنە پەرىشتىلەرمۇ ھەر قايسى ئىشىكلەردىن كىرىپ، ئۇلارغا سالام بېرىدۇ.

⑦ بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇئمىن ياز پەسلىدىمۇ ۋە قىش پەسلىدىمۇ مېۋە بېرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. شۇنىڭدەك مۇئمىننىڭ ياخشى ئەمەللىرى كېچە-كۈندۈز، ھەر ۋاقىت، ھەربىر لەھزىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ﴿كَلِمَةً طَيِّبَةً﴾ دېگەن سۆزدىن ئىسلام دىنى ياكى ئىمان كەلىمىسى " لَا إِلَهَ إِلَّا الله" كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئېسىل دەرەخ» تىن خورما دەرىخى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ نۇقتا سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن. (سەھىھۇل

بۇخارى 72-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2811-ھەدىس)

وَيَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡأَمۡثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٥﴾ وَمَثَلُ كَلِمَةٍ
خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ ٱجۡتُثَّتۡ مِن فَوۡقِ ٱلۡأَرۡضِ مَا لَهَا مِن
قَرَارٖ ﴿٢٦﴾ يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱلۡقَوۡلِ ٱلثَّابِتِ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا
وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّٰلِمِينَۚ وَيَفۡعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ ﴿٢٧﴾

***ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ پەند - نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ [25]. يامان سۆز (يەنى كۇفرى سۆز) يەرنىڭ ئۈستىدىن قومۇرۇپ تاشلانغان، يىلتىزى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ① [26]. ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ②. ئاللاھ زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ (يەنى ھەقىقەتتىن بۇرىۋېتىدۇ)، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ [27].***

① ﴿كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ﴾دىن كۇفرى سۆزى ۋە ﴿شَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ﴾دىن قامغاق دەرىخى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى يەرنىڭ ئۈستىدە بولغاچقا، يەڭگىل ئىتتىرىپ قويسىلا، ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭدەك كاپىرنىڭ ئەمەللىرى پۈتۈنلەي پايدىسىز بولۇپ، نە ئاسمانغا ئۆرلىمەيدۇ، نە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇللۇق دەرىجىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

② بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان قەبرىسىدە سوئال سورالغاندا بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.» (سەھىھۇل بۇخارى 4699-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2871-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە «بىر بەندە قەبرىگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەبرە بېشىدىن قايتقاندا، ئۇ بەندە ئۇلارنىڭ ئاياق تاۋۇشىنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى

پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن: بۇ ئادەم توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ مۇئمىن: ھەقىقەتەن بۇ ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: دوزاختىكى ئورنۇڭغا قارا، ئاللاھ تائالا ساڭا ئۇ جاينىڭ ئورنىغا جەننەتتىن بىر جاينى ئالماشتۇرۇپ بەردى، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ مۇئمىن جەننەت بىلەن دوزاختىكى ھەر ئىككى جاينى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى 70 گەز كېڭەيتىلىدۇ، ئۇ قەبرە قىيامەتكە قەدەر نېمەتلەردىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2870 ـ ھەدىس) ۋە ئۇنىڭ گۆرى نۇرلۇق قىلىپ بېرىلىدۇ. يەنە بىر ئەسەردە مۇنداق كەلگەن: بەندىدىن قەبرىدە: سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دەپ سورىلىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇنى مۇستەھكەم تۇرغۇزىدۇ، ئۇ تەمتىرىمەيلا: پەرۋەردىگارىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام ۋە پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

۞ أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ بَدَّلُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ كُفۡرٗا وَأَحَلُّواْ قَوۡمَهُمۡ دَارَ
ٱلۡبَوَارِ ﴿٢٨﴾ جَهَنَّمَ يَصۡلَوۡنَهَاۖ وَبِئۡسَ ٱلۡقَرَارُ ﴿٢٩﴾ وَجَعَلُواْ لِلَّهِ أَندَادٗا
لِّيُضِلُّواْ عَن سَبِيلِهِۦۗ قُلۡ تَمَتَّعُواْ فَإِنَّ مَصِيرَكُمۡ إِلَى ٱلنَّارِ ﴿٣٠﴾ قُل
لِّعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُنفِقُواْ مِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ سِرّٗا
وَعَلَانِيَةٗ مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا بَيۡعٞ فِيهِ وَلَا خِلَٰلٌ ﴿٣١﴾

***ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇپ) ھالاكەت يۇرتىغا باشلاپ بارغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟① [28]. (ھالاكەت يۇرتى) جەھەننەمدۇركى، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [29]. ئۇلار (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھقا شېرىكلەرنى قىلىۋالدى. ئۇلارغا: «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر»② دېگىن [30]. ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسۇن، ئېلىم ـ سېتىممۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدىغان (قىيامەت) كۈنى***

***كېلىشتىن بۇرۇن، بىز ئۇلارغا ئاتا قىلغان (پۇل - مال) لىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلسۇن③ .[31]***

① بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سەھىھۇل بۇخارىدا كەلگەن بولۇپ، ئايەتتە مەككە كاپىرلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. (سەھىھۇل بۇخارى **4700**-ھەدىس) ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان، بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىنى ھالاكەتكە باشلىغانلاردۇر. شۇنداقتىمۇ بۇ ئايەت ئۇقۇم ئېتىبارى بىلەن كاپىرلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىيدۇر، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەھلى جاھانغا رەھمەت ۋە ئىنسانىيەتكە نېمەت قىلىپ ئەۋەتتى، بۇ نېمەتنى قوبۇل قىلىپ، شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان كىشى جەننەتتى بولىدى. بۇ نېمەتنى رەت قىلىپ، كۇفرىلىقنى تاللىغان كىشى دوزىخى بولىدى.

② بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئەيىبلەش يۈزىسىدىن دېيىلگەن ئىبارىدۇر، يەنى سىلەر دۇنيادا نېمىنى خالىساڭلار، شۇنى قىلىڭلار! لېكىن قاچانغىچە شۇنداق قىلالايسىلەر؟ ئاخىرى بارىدىغان جايىڭلار جەھەننەمدۇر!

③ ئايەتتىكى «نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسۇن» دېگەن ئىبارىدىن، نامازنى ۋاقتىغا، رۇكۇ، سەجدە ۋە باشقا قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ئاللاھتىن قورققان ۋە ئەيمەنگەن ھالدا، سۈننەتكە ئۇيغۇن رەۋىشتە ئوقۇسۇن دېگەننى كۆرسىتىدۇ. «سەرپ قىلسۇن» دېگەننىڭ مەنىسى، پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىغىلا ھېسابلىشىپ ئولتۇرماستىن ئايىماي خىراجەت قىلسۇن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى زاكاتنى ئادا قىلسۇن، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلسۇن ۋە ھاجەتمەنلەرگە خەير-ئېھسان قىلسۇن ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن جايلارغا پۇل خەجلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرمىسۇن، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قىيامەت كۈنىدە ئېلىم - سېتىم بولمايدۇ، دوستلۇقمۇ ئەسقاتمايدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سودا-سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزق قىلىپ بەرگەن

مال-مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار﴾. (سۈرە بەقەرە 254-ئايەت)

ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلْفُلْكَ لِتَجْرِىَ فِى ٱلْبَحْرِ بِأَمْرِهِۦ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلْأَنْهَٰرَ ﴿٣٢﴾ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ دَآئِبَيْنِ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ﴿٣٣﴾ وَءَاتَىٰكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ ۚ وَإِن تَعُدُّوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحْصُوهَآ ۗ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ ﴿٣٤﴾

***ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ بەرگەن، شۇ سۇ بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەن، سىلەرگە كېمىلەرنى ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان قىلىپ (بويسۇندۇرۇپ) بەرگەن ۋە سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر① [32]. ئۇ سىلەرگە كۈن بىلەن ئاينى مۇنتىزىم ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن②، يەنە سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر③ [33]. ئۇ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەرگەن زاتتۇر④، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر⑤، شەكسىزكى، ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزىگە بەك زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ئىنتايىن تۇزكوردۇر⑥ [34].***

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىغا ئاتا قىلغان بىر قىسىم نېمەتلىرىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ، ئاللاھ تائالا ئاسماننى بىخەتەر ئۆگزە، زېمىننى تۆشەك قىلىپ ياراتتى، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى، شەكلى، تەمى، پۇرىقى ۋە پايدىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل زىرائەت، مېۋە ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئاللاھ تائالا ئۆز ئەمرى بىلەن پاراخوت ۋە كېمىلەرنى دېڭىز دولقۇنلىرىدا قاتنايدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، كېمىدە سەپەر

قىلغۇچىلارنىڭ بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا قاتناپ، شۇ يۇرتلاردىكى مەھسۇلاتلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇ يەنە ئۆزۈڭلارنىڭ ئىچىشى ۋە ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن، زېمىننى يېرىپ بۇلاقلارنى چىقاردى، تاغلاردىن دەريالارنى ئاقتۇردى.

② يەنى ئاي بىلەن كۈن تەرتىپ بىلەن ئىزچىل ئايلىنىپ تۇرىدۇ، نە كۈندۈز، نە كېچە ھېچ ۋاقىت توختاپ قالمايدۇ، دېمەك، كۈن ۋە ئاي بىر-بىرىگە ئەگىشىپ سەير قىلىپ تۇرىدۇ، ئەمما ھېچقاچان بىر-بىرى بىلەن سوقۇشۇپ كەتمەيدۇ.

③ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن-قىسقا بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە كۈندۈز كېچىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ، ئۇزۇن بولىدۇ ۋە بەزىدە كېچە كۈندۈزنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ، ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ دەۋر قىلىش كائىنات بىنا بولغاندىن تارتىپ بىر خىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدا ھېچ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق.

④ ئاللاھ تائالا سىلەرگە، سىلەر سورىغان بارلىق زۆرۈر نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەردى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا سىلەر سورىغان نەرسىلەرنىمۇ بېرىدۇ، يەنە سىلەر سورىمىغان ئەمما سىلەرگە زۆرۈر بولىدىغان نەرسىلەرنىمۇ بېرىدۇ، چۈنكى ئاللاھ سىلەرنىڭ ئېھتىياجىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. دېمەك ئاللاھ تۇرمۇشتا كىشىلەرگە لازىم بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ ۋە ھەر ئىشتا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

⑤ بەندىلەر پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش ئۈزۈۋاقتا تۇرسۇن، ئۇ نېمەتلەرنىڭ سانىنى ساناپ بولۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. بىر ئەسەردە مۇنداق كەلگەن. داۋۇد ئەلەيھىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ ساڭا شۈكۈر قىلغانلىقىممۇ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭ جۈملىسىدىن تۇرسا، مەن ساڭا قانداق شۈكۈر ئېيتسام بولار؟!» دېدى. ئاللاھ تائالا: «ئى داۋۇد! مانا ئەمدى ماڭا شۈكۈر ئېيتتىڭ» دېدى. يەنى شۈكۈر ئېيتىشقا ئاجىز كەلگەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغانلىقىڭ ماڭا شۈكۈر ئېيتقانلىقىڭدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑥ ئىنسان ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئادا قىلىشتىن غەپلەتتە قىلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدۇ. بولۇپمۇ كاپىر شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ ئاللاھتىن پۈتۈنلەي غاپىلدۇر.

وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ رَبِّ ٱجْعَلْ هَٰذَا ٱلْبَلَدَ ءَامِنًا وَٱجْنُبْنِى وَبَنِىَّ أَن
نَّعْبُدَ ٱلْأَصْنَامَ ﴿٣٥﴾ رَبِّ إِنَّهُنَّ أَضْلَلْنَ كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِ ۖ فَمَن
تَبِعَنِى فَإِنَّهُۥ مِنِّى ۖ وَمَنْ عَصَانِى فَإِنَّكَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣٦﴾ رَّبَّنَآ إِنِّىٓ
أَسْكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِى بِوَادٍ غَيْرِ ذِى زَرْعٍ عِندَ بَيْتِكَ ٱلْمُحَرَّمِ
رَبَّنَا لِيُقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱجْعَلْ أَفْـِٔدَةً مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهْوِىٓ إِلَيْهِمْ

***ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئېيتتى: «ئى رەببىم! بۇ شەھەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ ـ ئامان (جاي) قىلىپ بەرگىن①، مېنى ۋە مېنىڭ پەرزەنتلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن [35]. ئى رەببىم! ئۇلار (يەنى بۇتلار) ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى②. كىمكى ماڭا ئەگەشسە، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر. كىمكى (مۇشرىكلىكتىن باشقا گۇناھ قىلىپ) ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، سەن ھەقىقەتەن (ئۇنىڭغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن ۋە ناھايىتى مېھرىبانسەن [36]. ئى رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى③ سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭ (كەئبە)نىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردۇم، ئى رەببىمىز! (بۇ ئىشنى) ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسۇن (دەپ قىلدىم)④. ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ⑤ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن،***

① «بۇ شەھەر» يەنى بۇ مەككە شەھىرىنى ئامان جاي قىلىپ بەرگىن. باشقا تىلەكلەرنى تىلەشتىن ئىلگىرى مەككىنى تىنچ-ئامان قىلىپ بېرىشنى تىلىدى. چۈنكى ئەمىنلىك بولسا، ئاندىن باشقا نېمەتلەردىن ھەقىقي بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ، ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك بولمىسا، ھەر قانداق قولاي شارائىت ۋە پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى بولسىمۇ، قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىدە ئىنسان پەرىشانلىقتا قالىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش. سەئۇدى ئەرەبىستاندىن باشقا ھەممە يەردە خاتىرجەمسىزلىك كۆپ. سەئۇدى ئەرەبىستان مەزكۇر دۇئانىڭ بەرىكىتى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلىغانلىقتىن بۈگۈنگىچە نەمۇنىلىك بىر ئەمىنلىكتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئاللاھ بۇ دۆلەتنى يامانلىقتىن ۋە پىتنە-پاساتتىن

ساقلىغاي. بۇ ئايەت تىنچلىقنى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ساناپ، قۇرەيشلەرنىڭ بۇ نېمەتلەردىن غاپىل ئىكەنلىكىگە، يەنە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ خۇسۇسىي نېمىتى بولغان مەككىدەك تىنچ ـ ئامان شەھەرنىڭ ئاھالىسى قىلغانلىقىدىنمۇ غاپىل ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

② ﴿اَصْنَامَ﴾ «بۇتلار» «صَنَمٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: بىرىنچىسى، مىس، گەج، ياغاچ، ياكى تاش قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسالغان ھەيكەل ۋە بۇتلار. مۇشرىكلار ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇ بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئىككىنچىسى، ئاللاھتىن باشقا كىشىلەر چوقۇنغان ھەر قانداق نەرسىمۇ بۇت دەپ ئاتىلىدۇ. ئىمام راغىب مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىكى بۇتتىن ئىككىنچى مەنە مەقسەت قىلىنغان. (قۇرئان كەرىم سۆزلۈكى، 493 ـ بەت، بۇت ئاتالغۇسى ماددىسى) شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئازدۇرۇش قىلمىشىنى ئۇلارغا مەنسۇپ قىلدى، چۈنكى ئۇلار ئازغۇنلۇقنىڭ سەۋەبكارلىرى ئىدى.

③ ﴿مِنْ ذُرِّيَّتِىْ﴾دىكى ”مِنْ“ كۆپتىن بىر قىسمىنى ئايرىش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى، يەنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەككىز ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلاردىن پەقەت ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى بۇ جايغا يەرلەشتۈرگەن. (فەتھۇلقەدىر)

④ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇئاسىدا ئىبادەتلەردىن پەقەت نامازنى تىلغا ئالدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

⑤ بۇ ئايەتتىمۇ ”مِنْ“ كۆپتىن بىر قىسمىنى ئايرىش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى «ئىنسانلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن»، بۇ بىر قىسىم كىشىلەردىن مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا قارايدىغان بولساق، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمىگە جەم بولىدۇ، ھەج ئايلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ مۇسۇلمانلار ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى مايىل قىلىپ بەرگىن، دەپ دۇئا قىلغان بولسا، چوقۇم مەجۇسىي، يەھۇدىي، ناسارا قاتارلىق بارلىق

ئىنسانلار مەككىگە كەلگەن بولاتتى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ» دەپ، مەككىگە كۆڭۈللەرنىڭ مايىل بولۇشىنى پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا خاس قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَٱرۡزُقۡهُم مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَشۡكُرُونَ ٣٧ رَبَّنَآ إِنَّكَ تَعۡلَمُ مَا
نُخۡفِي وَمَا نُعۡلِنُۗ وَمَا يَخۡفَىٰ عَلَى ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي
ٱلسَّمَآءِ ٣٨ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي وَهَبَ لِي عَلَى ٱلۡكِبَرِ إِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَۚ
إِنَّ رَبِّي لَسَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ٣٩ رَبِّ ٱجۡعَلۡنِي مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِيۚ
رَبَّنَا وَتَقَبَّلۡ دُعَآءِ ٤٠ رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ يَوۡمَ
يَقُومُ ٱلۡحِسَابُ ٤١

***ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن① [37]. ئى رەببىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن. ئاسمان - زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس② [38]. بارلىق ھەمدۇسانا ياشانغان چېغىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر! شەكسىزكى، مېنىڭ رەببىم دۇئانى ناھايىتى بەك ئاڭلىغۇچىدۇر (يەنى دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر) [39]. ئى رەببىم! مېنى ۋە مېنىڭ نەسلىمدىن كېلىدىغانلارنى نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان قىلغىن③، ئى رەببىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن [40]. ئى رەببىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا - ئانامغا④ ۋە مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن» [41].***

① ئەملىيەتتە بۇ دۇئانىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنىمۇ رېئاللىقتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، مەككىدەك ئاستىدىن سۇ چىقمايدىغان، گىياھ ئۈنمەيدىغان، مېۋىلىك دەرەخ بولمىغان بىر شەھەردە دۇنيادىكى بارلىق مېۋىلەر كەڭتاشا بولۇپ، ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ. ھەتتا ھەج ئايلىرىدا

نەچچە مىليون ھاجى بىر ۋاقىتتا كەلسىمۇ، يېمەك-ئىچمەك، مېۋە-چىۋە ۋە كۆكتاتلار كەم بولۇپ قالمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كۆيۈمچانلىقى، سېخىيلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتىدىن ئىبارەت رىزىقلار دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. تىلەكلەرنىڭ مەزكۇر تەرتىپتە قارىغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ تىلەكنى كەئبىنى بىنا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تىلىگەنلىكى ئايان بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ﴿ئى رەببىم! بۇ شەھەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ-ئامان (جاي) قىلىپ بەرگىن﴾ دېگەن دۇئانى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەر ۋە بوۋاق بالىسى ئىسمائىلنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەككىدە قويۇپ قايتىدىغان چېغىدا، يەنى كەئبە بىنا بولۇشتىن بۇرۇن قىلغانلىقى مەلۇم. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى مېنىڭ تىلىكىمنىڭ مەقسىتىنى سەن ياخشى بىلىسەن، بۇ شەھەر ئەھلى ئۈچۈن سورىغان تىلىكىمنىڭ مەقسىتى سېنىڭ رىزالىقىڭدۇر، سەن ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئوبدان بىلىسەن، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ساڭا مەخپىي ئەمەس.

③ ئۆزىگە دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە بالىلىرى ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئۆزى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى: ﴿مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن﴾ بۇ دۇئانىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولىدىكى، ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ بالا-چاقىلىرىغا تەلىم-تەربىيە قىلىشى لازىم، بۇ ئىشتا بىپەرۋالىق قىلماسلىق، ھەتتا دەۋەت قىلىشتا ئۇلارنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ شۇنداق بۇيرۇغان: ﴿يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾. (سۈرە شۇئەرا 214-ئايەت)

④ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى قىلغان ۋاقىتتا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا تېخى ئايان بولمىغان ئىدى، ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئايان بولغان ھامان ئۇنىڭدىن ئادا-جۇدا بولغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. شۇڭا ھەرقانچە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقان بولسىمۇ، مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىش جائىز بولمايدۇ.

وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱللَّهَ غَٰفِلًا عَمَّا يَعۡمَلُ ٱلظَّٰلِمُونَۚ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمۡ لِيَوۡمٖ
تَشۡخَصُ فِيهِ ٱلۡأَبۡصَٰرُ ﴿٤٢﴾ مُهۡطِعِينَ مُقۡنِعِي رُءُوسِهِمۡ لَا يَرۡتَدُّ
إِلَيۡهِمۡ طَرۡفُهُمۡۖ وَأَفۡـِٔدَتُهُمۡ هَوَآءٞ ﴿٤٣﴾ وَأَنذِرِ ٱلنَّاسَ يَوۡمَ يَأۡتِيهِمُ
ٱلۡعَذَابُ فَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ رَبَّنَآ أَخِّرۡنَآ إِلَىٰٓ أَجَلٖ قَرِيبٖ نُّجِبۡ
دَعۡوَتَكَ وَنَتَّبِعِ ٱلرُّسُلَۗ أَوَلَمۡ تَكُونُوٓاْ أَقۡسَمۡتُم مِّن قَبۡلُ مَا لَكُم
مِّن زَوَالٖ ﴿٤٤﴾ وَسَكَنتُمۡ فِي مَسَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَتَبَيَّنَ
لَكُمۡ كَيۡفَ فَعَلۡنَا بِهِمۡ وَضَرَبۡنَا لَكُمُ ٱلۡأَمۡثَالَ ﴿٤٥﴾

*زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن! ئاللاھ ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنى جازالاشنى دەھشەتتىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنگىچە) كېچىكتۈرىدۇ① [42]. (ئۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، (چاقىرىلغان تەرەپكە قاراپ) تېز يۈگۈرىدۇ②، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (قورقۇنچتىن) دىللىرى (ئەقىل ـ ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ③ [43]. (ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەرنى ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلار (بۇ كۈندە): «ئى رەببىمىز! (بىزنى دۇنياغا قايتا ئەۋەتىپ) قىسقىغىنا ۋاقىت بولسىمۇ بىزگە مۆھلەت بەرگىن، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەپ يالۋۇرىدۇ. (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر ئىلگىرى ‹بىز ھەرگىز يوقالمايمىز›، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟④ [44]. سىلەر ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ (يەنى زۇلۇم سەۋەبىدىن ھالاك بولغانلارنىڭ) يۇرتلىرىدا ماكانلاشقان ئىدىڭلار (ئۇلاردىن ئىبرەت ئالساڭلارچۇ)، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق بولدى. سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنىمۇ كەلتۈرگەن ئىدۇق⑤ (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان ئىدۇق) [45].*

① ئەگەر ئاللاھ تائالا بىر ئادەمگە دۇنيادا ئۇزۇن مۆھلەت بېرىپ، ئۇنى

ئەجىلى يەتكۈچە جازالىمىغان بولسا، ئۇ قىيامەت كۈنىدىكى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۇ كۈن كاپىرلار ئۈچۈن شۇ قەدەر دەھشەتلىك بولىدۇكى، كۆزلەر چەكچىيىپلا قالىدۇ.

② ﴿مُهْطِعِينَ﴾ تېز يۈگۈرىدۇ، يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگۈرىدۇ﴾. (سۈرە قەمەر 8-ئايەت) ﴿مُقْنِعِي رُءُوسِهِمْ﴾ ھەيرەتتە قالغانلىقتىن باشلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا يۈگۈرىدۇ.

③ يەنى ئۇلار قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرۈپ، ئۆز جانلىرى توغرىسىدا قاتتىق ئەندىشىگە چۈشىدۇ، قورقۇنچنىڭ دەھشەتلىكىدىن كۆزلىرى بىردەممۇ يۇمۇلمايدۇ، يۈرەكلىرى ئۆز جايلىرىدىن قوزغىلىپ بوغۇزلىرىغا كەپلىشىپ قالىدۇ. يەنى قورقۇنچتىن يۈرەكلىرى جىغىلدايدۇ.

④ يەنى سىلەر دۇنيادىكى چاغدا قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، ھېساب-كىتاب يوق، جەننەت ۋە دوزاخ يوق، قايتا تىرىلىش يوق، دەيتتىڭلارغۇ؟

⑤ يەنى ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلغان ئىدۇق، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدا ھازىر سىلەر تۇرۇۋاتىسىلەر، ئۇلارنىڭ خارابە جايلىرىمۇ سىلەرنى ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق سىلەر يەنىلا ئۇلاردىن ئىبرەت ئالمىساڭلار، ئۇلارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشتىن ساقلىنىش ھەققىدە ئويلانمىساڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارى. سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە تەييار بولۇڭلار!

وَقَدۡ مَكَرُواْ مَكۡرَهُمۡ وَعِندَ ٱللَّهِ مَكۡرُهُمۡ وَإِن كَانَ مَكۡرُهُمۡ لِتَزُولَ
مِنۡهُ ٱلۡجِبَالُ ﴿٤٦﴾ فَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱللَّهَ مُخۡلِفَ وَعۡدِهِۦ رُسُلَهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ
عَزِيزٞ ذُو ٱنتِقَامٖ ﴿٤٧﴾ يَوۡمَ تُبَدَّلُ ٱلۡأَرۡضُ غَيۡرَ ٱلۡأَرۡضِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُۖ
وَبَرَزُواْ لِلَّهِ ٱلۡوَٰحِدِ ٱلۡقَهَّارِ ﴿٤٨﴾ وَتَرَى ٱلۡمُجۡرِمِينَ يَوۡمَئِذٖ مُّقَرَّنِينَ فِي
ٱلۡأَصۡفَادِ ﴿٤٩﴾

*ئۇلار ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆمىنلەرگە) چوڭ مىكىرلەرنى*

*ئىشلەتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكىرلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ① ئۇلارنىڭ مىكىرلىرى تاغلارنى ئورۇنلىرىدىن قوزغىغۇدەك ئەمەس ئىدى② ، [46]. ئاللاھنى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن③ ، شەكسىزكى، ئاللاھ مۇتلەق غالىبتۇر، (زالىملاردىن) ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر④ [47]. ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ⑤ ، ئۇلار (يەنى بارچە خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھدا) ھازىر بولىدۇ [48]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇ كۈندە گۇناھكارلار (يەنى كۇففارلار) نى زەنجىرلەر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا كۆرىسەن [49].*

① بۇ جۈملە ھالەت بولۇپ كەلگەن، يەنى بىز ئۇلارغا ئۇلار قىلغاننى قىلدۇق، ئۇلار باتىلنى كۈچلەندۈرۈپ، ھەقنى رەت قىلىش ئۈچۈن تاقەتلىرىنىڭ بېرىچە چوڭ ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتتى، ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكىرلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خاتىرلەنگەن بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

② ﴿إِنْ﴾ بۇ يەردە مەنپىي مەنىدە كەلگەن دەپ ئالغاندا، ئۇنىڭدىن مۇنداق مەنە چىقىدۇ: تاغلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ كەتسە، جايىدا مۇقىم تۇرمايدۇ، ھالبۇكى ھەممە تاغلار ئۆز جايلىرىدا مۇقىم تۇرماقتا. ﴿إِنْ﴾نى مەنپىي مەنىدە ئەمەس، «إِنَّ» نىڭ يەڭگىللىتىلگەن شەكلى دەپ ئالغاندا، مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مىكىرلىرى تاغلارنىمۇ ئورۇنلىرىدىن قوزغىغۇدەك چوڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ مىكىرلىرىنى ئاللاھ تائالا بەربات قىلدى. بۇ خۇددى مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكىگە قارىتا ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە كەلتۈرگەن مىسالغا ئوخشايدۇ: ﴿بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى﴾. (سۈرە مەريەم 90-، 91-ئايەتلەر) يەنە بىر مەنىسى شۇكى، گەرچە ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى مەھكەملىكتە تاغلارنى ئورنىدىن قوزغىغۇدەك چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، تاغلار ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى بىلەن يوق

بولۇپ كەتمەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە قاتتىق جازا بېرىدۇ.

③ يەنى ئاللاھ تائالا دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ۋەدىسى راستتۇر، ئۇنىڭ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

④ يەنى دوستلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر.

⑤ ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە ھەر ئىككى خىل ئېھتىماللىق مەۋجۇت: ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئۆزى ئۆزگىرىدۇ ياكى سۈپىتى ئۆزگىرىدۇ، يەنى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىدۇ ياكى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ زاتىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، يەنى بۇ ئاسمان ۋە زېمىن يوق بولىدۇ، باشقا بىر ئاسمان ۋە باشقا بىر زېمىن كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار قىيامەت كۈنىدە قىلچىلىكمۇ ئېگىز-پەس ۋە ئويمان-چوڭقۇرى بولمىغان، تۈپتۈز، يورۇق بىر زېمىنغا توپلىنىدۇ، ئۇ يەردە ھېچكىمنىڭ (بايرىقى) بەلگىسى بولمايدۇ». (سەھىھ مۇسلىم **2790**-ھەدىس) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئاسمان ۋە زېمىن باشقا بىر ئاسمان ۋە باشقا بىر زېمىنغا ئايلانغان چاغدا ئىنسانلار نەدە بولىدۇ؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پىلسىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە بولىدۇ» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم **2791**-ھەدىس) مەزكۇر مەنبەدە: بىر يەھۇدىينىڭ بۇ ھەقتە سورىغان سوئالىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «ئىنسانلار زۇلمەت ئىچىدىكى كۆۋرۈكتە بولىدۇ» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم **315**-ھەدىس)

سَرَابِيلُهُم مِّن قَطِرَانٍ وَتَغْشَىٰ وُجُوهَهُمُ ٱلنَّارُ ﴿٥٠﴾ لِيَجْزِيَ ٱللَّهُ كُلَّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٥١﴾ هَٰذَا بَلَٰغٌ لِّلنَّاسِ وَلِيُنذَرُواْ بِهِۦ وَلِيَعْلَمُوٓاْ أَنَّمَا هُوَ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ وَلِيَذَّكَّرَ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٥٢﴾

***ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قەتىران (يەنى قاراماي)دىن بولىدۇ① ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ [50]. ئاللاھ ھەر كىمگە***

***قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ). ئاللاھ ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر [51]. بۇ② (قۇرئان) ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى، ئاللاھنىڭ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن (چۈشۈرۈلگەن) ئۇقتۇرۇشتۇر (يەنى كىشىلەرگە ھەقنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلىنغاندۇر) [52].***

① يەنى دەرھال ئۇت ئالدىغان مايلىق كىيىم بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆيدۈرۈپ، چىرايىنى بۇزۇۋېتىدۇ.

② «بۇ» دېگەن ئالماش قۇرئاننى كۆرسىتىدۇ ياكى يۇقىرىدىكى ﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن﴾ دېگەن ئايەتتىن كېيىن كەلگەن تەپسىلىي بايانلارنى كۆرسىتىدۇ.

بسم الله الرحمن الرحيم

هاپىز سالاھۇددىن يۈسۈف

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى

## (سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھلەنگەن)

## 3

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

بۇ تەپسىرنىڭ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشىغا ماددىي ياردەم قىلغان مۇھەممەد روزى ھاجىم ئاقتاشتىن ئاللاھ رازى بولسۇن! ئاتا-ئانىسى ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى (3)

(سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھلەنگەن)


**ھاپىز سالاھۇددىن يۇسۇف**

ئوردۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد سادىق ئىسمائىل كاشغەرى**

**تەھرىرلىگۈچىلەر:**

ئەخمەتجان توختاجى

ئابدۇسەمەد قاراجىم

ئا. ئوبۇل

ئابدۇلئەزىز ئابدۇرەھىم

سىراجىددىن ئەزىزى

**نازارەتچىلەر:**

ئابدۇراززاق ئۇجاتلى

سىراجىددىن ئەزىزى

بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن



**2024م / 1445 ھ** بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۇلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل-تۈركىيە

# مۇندەرىجە

## 1-توم


مۇقەددىمە ..... 5
«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىگە مۇقەددىمە ..... 7
«ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى» ھەققىدە ..... 25
تەپسىرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە ..... 29

- 1-پارە ..... 33
سۈرە فاتىھە ..... 33
سۈرە بەقەرە ..... 44
- 2-پارە ..... 134
- 3-پارە ..... 228
سۈرە ئال ئىمران ..... 265
- 4-پارە ..... 323
سۈرە نىسا ..... 395
- 5-پارە ..... 422
- 6-پارە ..... 520
سۈرە مائىدە ..... 542
- 7-پارە ..... 617


## 2-توم


سۈرە ئەنئام ..... 9
- 8-پارە ..... 81
سۈرە ئەئراف ..... 122
- 9-پارە ..... 172
سۈرە ئەنفال ..... 240
- 10-پارە ..... 263
سۈرە تەۋبە ..... 287
- 11-پارە ..... 357
سۈرە يۇنۇس ..... 387
سۈرە ھۇد ..... 451

• 12-پارە 455
سۈرە يۈسۈف 522
• 13-پارە 552
سۈرە رەئد 584
سۈرە ئىبراھىم 616


## 3 -توم


سۈرە ھىجر 9
• 14-پارە 9
سۈرە نەھل 36
• 15-پارە 103
سۈرە ئىسرا 103
سۈرە كەھف 161
• 16-پارە 204
سۈرە مەريەم 221
سۈرە تاھا 256
سۈرە ئەنبىيا 307
• 17-پارە 307
سۈرە ھەج 354
• 18-پارە 407
سۈرە مۇئمىنۇن 407
سۈرە نۇر 445
سۈرە فۇرقان 499
• 19-پارە 510
سۈرە شۇئەرا 535
سۈرە نەمل 584
• 20-پارە 610


## 4-توم


سۈرە قەسەس 5
سۈرە ئەنكەبۇت 58
• 21-پارە 84
سۈرە رۇم 99
سۈرە لوقمان 133
سۈرە سەجدە 156
سۈرە ئەھزاب 172
• 22-پارە 196
سۈرە سەبە 229
سۈرە فاتىر 263
سۈرە ياسىن 293
• 23-پارە 301
سۈرە ساففات 323
سۈرە ساد 361

سۈرە زۇمەر ............ 392

• 24-پارە 411

سۈرە غافىر ............ 435

سۈرە ھا مىم سەجدە ............ 483

• 25-پارە 511

سۈرە شۇرا ............ 517

سۈرە زۇخرۇف ............ 550

سۈرە دۇخان ............ 585

سۈرە جاسىيە ............ 601


## 5-توم


• 26-پارە 5

سۈرە ئەھقاف ............ 5

سۈرە مۇھەممەد ............ 29

سۈرە فەتھ ............ 52

سۈرە ھۇجۇرات ............ 78

سۈرە قاف ............ 93

سۈرە زارىيات ............ 109

• 27-پارە 116

سۈرە تۇر ............ 125

سۈرە نەجم ............ 140

سۈرە قەمەر ............ 157

سۈرە راھمان ............ 173

سۈرە ۋاقىئە ............ 191

سۈرە ھەدىد ............ 210

• 28-پارە 233

سۈرە مۇجادىلە ............ 233

سۈرە ھەشر ............ 251

سۈرە مۇمتەھىنە ............ 269

سۈرە سەف ............ 285

سۈرە جۇمئە ............ 294

سۈرە مۇنافىقۇن ............ 301

سۈرە تەغابۇن ............ 308

سۈرە تەلاق ............ 319

سۈرە تەھرىم ............ 332

• 29-پارە 343

سۈرە مۇلك ............ 343

سۈرە قەلەم ............ 357

سۈرە ھاققە ............ 372

سۈرە مەئارىج ............ 384

سۈرە نۇھ ............ 394

سۈرە جىن ............ 405

سۈرە مۇزەممىل ............ 417

سۈرە مۇدەسسىر ............ 427

سۈرە قىيامەت ............ 438

سۈرە ئىنسان ............ 447

سۈرە مۇرسەلات 459

• 30-پارە 470

سۈرە نەبە 470
سۈرە نازىئات 480
سۈرە ئەبەسە 490
سۈرە تەكۋىر 498
سۈرە ئىنفىتار 505
سۈرە مۇتەففىفىن 510
سۈرە ئىنشىقاق 518
سۈرە بۇرۇج 524
سۈرە تارىق 531
سۈرە ئەئلا 536
سۈرە غاشىيە 541
سۈرە فەجىر 546
سۈرە بەلەد 554
سۈرە شەمس 559
سۈرە لەيل 563
سۈرە زۇها 568
سۈرە ئىنشىراھ 571
سۈرە تىين 574
سۈرە ئەلەق 578
سۈرە قەدر 583
سۈرە بەييىنە 586
سۈرە زىلزال 591
سۈرە مۇلك 594
سۈرە قارىئە 598
سۈرە تەكاسۇر 602
سۈرە ئەسر 605
سۈرە ھۇمەزە 607
سۈرە فىل 610
سۈرە قۇرەيش 613
سۈرە مائۇن 615
سۈرە كەۋسەر 618
سۈرە كافىرۇن 620
سۈرە نەسر 622
سۈرە لەھەب 624
سۈرە ئىخلاس 627

# سۈرە ھىجر

| (١٥) سورة الحجر مكية ٩٩ آية | (15) سۈرە ھىجر مەككىدە چۈشكەن 99 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓرۚ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱلْكِتَٰبِ وَقُرْءَانٍ مُّبِينٍ ١

***ئەلىف، لام، را. بۇلار كىتابنىڭ ۋە (ھەر نەرسىنى) روشەن بايان قىلغۇچى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر① [1].***

① ﴿الْكِتٰبِ﴾ ۋە ﴿قُرْاٰنٍ مُّبِيْنٍ﴾ دېگەندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىم مەقسەت قىلىنىدۇ، يەنە بىر ئايەتتە ﴿قَدْ جَآءَكُمْ مِّنَ اللّٰهِ نُوْرٌ وَّكِتٰبٌ مُّبِيْنٌ﴾ ﴿سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى﴾. ) سۈرە مائىدە 15-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتتىكى «نۇر ۋە روشەن كىتاب»تىن قۇرئان كەرىم مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ﴿قُرْاٰنٍ مُّبِيْنٍ﴾ ئالدى قوشۇلغۇچى ئەلىف لامسىز كەلدى، بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر، يەنى بۇ قۇرئان مۇكەممەل، ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس كىتابتۇر.

رُّبَمَا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ كَانُواْ مُسْلِمِينَ ﴿٢﴾ ذَرْهُمْ يَأْكُلُواْ
وَيَتَمَتَّعُواْ وَيُلْهِهِمُ ٱلْأَمَلُ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٣﴾ وَمَآ أَهْلَكْنَا مِن
قَرْيَةٍ إِلَّا وَلَهَا كِتَابٌ مَّعْلُومٌ ﴿٤﴾ مَّا تَسْبِقُ مِنْ أُمَّةٍ أَجَلَهَا وَمَا
يَسْتَـْٔخِرُونَ ﴿٥﴾ وَقَالُواْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِى نُزِّلَ عَلَيْهِ ٱلذِّكْرُ إِنَّكَ
لَمَجْنُونٌ ﴿٦﴾ لَّوْمَا تَأْتِينَا بِٱلْمَلَـٰٓئِكَةِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّـٰدِقِينَ ﴿٧﴾
مَا نُنَزِّلُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةَ إِلَّا بِٱلْحَقِّ وَمَا كَانُوٓاْ إِذًا مُّنظَرِينَ ﴿٨﴾

***كۆپ ھاللاردا كاپىرلار كاشكى بىز مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ① [2]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى (ئۆز مەيلىگە) قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار يەپ - ئىچىپ، (دۇنيا لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولۇپ تۇرسۇن، (بىھۇدە) ئارزۇلار بىلەن (مەشغۇل) بولىۋەرسۇن، ئۇلار (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىدۇ② [3]. بىز (پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان) ھېچقانداق بىر شەھەر (ئاھالىسى)نى ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ ھالاك قىلمىدۇق [4]. ھېچبىر ئۈممەت ئەجىلىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ، ھەم كېچىكتۈرەلمەيدۇ③ [5]. ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن راستتىنلا مەجنۇنسەن [6]. ئەگەر سەن (مەن رەسۇلۇللاھ دېگەن سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، (پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭچۇ؟»④ [7]. بىز پەرىشتىلەرنى (كاپىرلارغا) ھەق (لىق بولغان ئازاب) بىلەنلا چۈشۈرىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ئازابى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ)⑤ [8].***

① ئۇلار قانداق ئەھۋالدا شۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ؟ ئەجەل كەلگەندە، پەرىشتىلەر ئۇلارغا جەھەننەمنىڭ ئوتىنى كۆرسەتكەندە ياكى جەھەننەمگە كىرگەندە، ياكى گۇناھكار مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھى تۈگەپ دوزاختىن چىقىۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەندە ياكى مەھشەرگاھتا ھېساب ئېلىنىۋاتقان ھالەتنى كۆرگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ جەننەتكە كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، كاپىرلار: «كاشكى بىزمۇ دۇنيادىكى چېغىمىزدا مۇسۇلمان بولغان

بولساقچۇ!» دەپ ئارزۇ-ئارمان قىلىپ كېتىدۇ. ﴿رُبَمَا﴾ ئادەتتە كۆپىنچە دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، لېكىن بەزىدە ئازلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھەر جايدا يۇقىرىقىدەك ئارزۇ-ئارماندا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ.

② بۇ ئايەت كاپىرلار ئۈچۈن قاتتىق تەنبىھ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئەگەر كاپىرلار كۇفرىدىن، مۇشرىكلار شېرىكتىن يانمىسا، ئۇلارنى مەيلىگە قويۇۋەتكىن، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئارزۇ-ئارمان دۇنياسىدا غەپلەتتە يۈرۈۋەرسۇن! ئۇلار پات يېقىندا كۇفرىلىق ۋە شېرىكنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ قالىدۇ.

③ ئاللاھ تائالا بىرەر شەھەر ئاھالىسىنى ئىتائەتسىزلىكى سەۋەبلىك ھالاك قىلماقچى بولسا، دەرھال ھالاك قىلمايدۇ، بەلكى ھالاك قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن مۇددەت بەلگىلەيدۇ، ئۇلارغا مۇئەييەن ۋاقىتقا قەدەر مۆھلەت بېرىدۇ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت توشقاندا، ھالاك قىلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلارنى كېچىكتۈرمەيدۇ ۋە ئىلگىرىمۇ سۈرمەيدۇ.

④ بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە تەرسالىقى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەجنۇن دېدى، ئاندىن يەنە (ئى مۇھەممەد! (ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، پەرۋەردىگارىڭغا ئېيتقىن، بىزگە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتسۇن، ئۇلار كېلىپ سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرسۇن ياكى بىزنى ھالاك قىلسۇن، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى.

⑤ يەنى بىز پەرىشتىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدا چۈشۈرىمىز، يەنى ھېكمەت ۋە ئىرادىمىز ئازاب نازىل قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلغان چاغدىلا، پەرىشتىلەرنى چۈشۈرىمىز، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ، دەرھال ھالاك قىلىنىدۇ.

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ﴿٩﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مِن
قَبْلِكَ فِى شِيَعِ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٠﴾ وَمَا يَأْتِيهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا كَانُوا۟ بِهِۦ
يَسْتَهْزِءُونَ ﴿١١﴾ كَذَٰلِكَ نَسْلُكُهُۥ فِى قُلُوبِ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١٢﴾ لَا يُؤْمِنُونَ

بِهِۦ وَقَدۡ خَلَتۡ سُنَّةُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٣﴾

*قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز① [9]. (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەندىن ئىلگىرى بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق [10]. ئۇلار ئۆزلىرىگە قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى② [11]. بىز ئۇنى (يەنى كۇفرىلىق ۋە مەسخىرە قىلىشنى) گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا ئەنە شۇنداق سالىمىز③ [12]. ئاللاھنىڭ (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنى جازالاشتىكى) قانۇنىيىتى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردە ئۆتكەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ④ [13].*

① يەنى قۇرئاننى ھەرقانداق تاجاۋۇز، ئۆزگەرتىلىش ۋە بۇرمىلىنىشتىن ساقلاش بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر. شۇنداق بولغاچقا قۇرئان كەرىم بۈگۈنگىچە قانداق چۈشۈرۈلگەن بولسا، شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلدى. بەزى گۇمراھ پىرقىلەر ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئېتىقادلىرىنى كۈچلەندۈرمەك ئۈچۈن، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى بۇرمىلاپ كەلدى، ھازىرمۇ بۇرمىلاۋاتىدۇ، ئەمما ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئەكسىچە، قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزى، ئىبارىسى، ئەسلىي تېكىستى ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلانغاندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقەت يولىدا ماڭىدىغان ئۆلىمالار جامائەسىمۇ ھەر دەۋردە قۇرئان كەرىمنى مەنە جەھەتتىن بۇرمىلىغانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ خاتا ئېتىقاد، ناتوغرا دەلىل كەلتۈرۈشلىرىگە رەددىيە بېرىپ كەلدى، ھېلىھەم ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى خىزمىتى داۋام قىلماقتا. يەنە بىر دىققەتنى تارتىدىغان نۇقتا شۇكى، بۇ ئايەتتە قۇرئان ﴿الذِّكْرَ﴾ زىكىر (نەسىھەت) دەپ ئاتالدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، قۇرئاننىڭ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە «ۋەز-نەسىھەت» بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىمتىيازى ساقلانغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە قىممەتلىك سۆزلىرىمۇ قىيامەتكىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. دېمەك قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش يولى مەڭگۈلۈك ئوچۇقتۇر. بۇ قەدەر يۈكسەك مۇھاپىزەت ۋە شەرەپ ماقامى ئىلگىرىكى ھېچبىر كىتاب ۋە پەيغەمبەرگە نېسىپ بولغان ئەمەس.

② گويا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇكى، پەقەت سەنلا ئەمەس، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ مەسخىرە قىلىنغان ئىدى يەنى ئىنكار قىلىنغان ۋە يالغانچىغا چىقىرىلغان ئىدى.

③ يەنى بىز گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا كۇفرىلىق ۋە پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلىشنى سالىمىز ياكى بىكىتىمىز. بۇ يەردە «سېلىش» پېئىلىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە مەنسۇپ قىلدى، چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئۆزلىرىنىڭ ئىزچىل گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان.

④ يەنى ئىنكارچىلارنى ھالاك قىلىشتىكى قانۇنىيەتنى ئاللاھ تائالا ئەزەلدە بەلگىلەپ قويغان، شۇنىڭغا ئاساسەن، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە مەسخىرە قىلغان قەۋمنى ھالاك قىلىپ كەلگەن.

وَلَوۡ فَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَابٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فَظَلُّواْ فِيهِ يَعۡرُجُونَ ١٤
لَقَالُوٓاْ إِنَّمَا سُكِّرَتۡ أَبۡصَٰرُنَا بَلۡ نَحۡنُ قَوۡمٞ مَّسۡحُورُونَ ١٥ وَلَقَدۡ
جَعَلۡنَا فِي ٱلسَّمَآءِ بُرُوجٗا وَزَيَّنَّٰهَا لِلنَّٰظِرِينَ ١٦ وَحَفِظۡنَٰهَا مِن كُلِّ
شَيۡطَٰنٖ رَّجِيمٍ ١٧

***بىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ۋە ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا ئۆرلىگەن تەقدىردىمۇ [14]. ئۇلار چوقۇم: «كۆزلىرىمىز مەست قىلىنغان (يەنى باغلانغان)، بەلكىم بىز سېھىرلەنگەن قەۋم بولساق كېرەك» دېيىشىدۇ① [15]. بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى ياراتتۇق② ۋە قارىغۇچىلار ئۈچۈن ئاسماننى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىدۇق [16]. بىز ئاسماننى ھەربىر قوغلاندى شەيتاندىن قوغدىدۇق③ [17].***

① يەنى ئۇلارنىڭ كۇفرى ۋە تەرسالىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى بىر تەرەپتە تۇرۇپ تۇرسۇن، ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن

ئاسماندىن ئىشىك ئېچىپ بېرىلگەن، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئاسمانغا چىقىپ-چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەستىن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتمايدۇ، يەنە تېخى ئۇلار: كۆزلىرىمىز پەردىلەنگەن ياكى بىزگە سېھىر قىلىنغان بولسا كېرەك، شۇڭا، رېئاللىق ئۇنداق بولمىسىمۇ، بىزگە ئاسمانغا چىققاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ، دېيىشىدۇ.

② ﴿بُرُوجًا﴾ « بُرْجٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئاشكارا بولماق ۋە زاھىر بولماق دېگەن مەنىدە. " تَبَرَّجٌ " دېگەن سۆزمۇ مەزكۇر سۆز بىلەن يىلتىزداش بولۇپ، ئايالنىڭ زىننىتىنى ئىزھار قىلىشى، سىرتقا ياسىنىپ چىقىشى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەتتە ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ﴿بُرُوجًا﴾ دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇلار يۇقىرى ئاسماندا زاھىر بولىدۇ. بۇرج-قۇياشنىڭ يىللىق ھەرىكەت يولىنى بويلاپ جايلاشقان ئون ئىككى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ جىمىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: بۇرج دېگەن قۇياش، ئاي ۋە باشقا سەييارىلەرنىڭ بەلگىلەنگەن مەنزىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇرجلارنىڭ سانى ئون ئىككى بولۇپ، تەرتىۋى تۆۋەندىكىچە: ھەمەل، سور، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد، سۇمبۇل، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەدى، دەلۋە ۋە ھوتتىن ئىبارەت. ئەرەبلەر مەزكۇر سەييارىلەرنىڭ مەنزىللىرى ۋە بۇرجلار ئارقىلىق ھاۋارايىدىن مەلۇمات ئالاتتى، بۇنىڭدا ھېچ خاتالىق يوق ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇلارغا قاراپ، ھازىرقى بىر قىسىم جاھىل مۇنەججىملەردەك، كەلگۈسىدە يۈز بەرمەكچى بولغان ۋەقە-ھادىسىلەرنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلىش باتىلدۇر. شۇنىڭدەك جاھىل كىشىلەرنىڭ ئۆز تەقدىر-قىسمىتىنى بۇرجلارغا قاراپ كۆرگەن ۋە چۈشەنگەنلىكىنى دەۋا قىلىشىمۇ ئاساسسىزدۇر. چۈنكى، بۇرجلارنىڭ دۇنيادا يۈز بەرمەكچى بولغان ۋەقە-ھادىسىلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ھەر قانداق بىر ۋەقە يۈز بەرسە، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا يۈز بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، مەزكۇر بۇرج ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە مىسلىسىز سەنئىتى سۈپىتىدە تىلغا ئالدى يەنە ئۇلارنى ئاسماننىڭ زىننىتى قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

③ ﴿ رَجِيْمٍ﴾ «مَرْجُوْمٌ» مەنىسىدە، " رَجْمٌ "نىڭ مەنىسى چالما-كېسەك قىلماق، تاش ئاتماق دېمەكتۇر، شەيتاننىڭ ﴿ رَجِيْمٍ﴾ (تاش ئېتىلغۇچى) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇ ھەر قاچان ئاسمانغا ئۆرلەشكە ئۇرۇنسا، كۆيدۈرگۈچى نۇرلۇق ئاقار يۇلتۇز ئۇنىڭغا ئېتىلىپ قوغلايدۇ. ﴿ رَجِيْمٍ﴾

يەنە «مَلْعُوْنٌ وَ مَرْدُوْدٌ» يەنى مەلئۇن ۋە قوغلاندى دىگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ، چۈنكى چالما-كېسەك قىلىنغۇچىغا ھەر تەرەپتىن تىل-ئاھانەتلەرمۇ ياغدۇرىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا دىدىكى: ﴿بىز ئاسماننى ھەربىر قوغلاندى شەيتاندىن قوغدىدۇق﴾ يەنى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن قوغدىدۇق، بۇ يۇلتۇزلار شەيتانلارنى قوغلاپ، قېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

إِلَّا مَنِ ٱسْتَرَقَ ٱلسَّمْعَ فَأَتْبَعَهُۥ شِهَابٌ مُّبِينٌ ﴿١٨﴾ وَٱلْأَرْضَ مَدَدْنَٰهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ وَأَنۢبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ شَيْءٍ مَّوْزُونٍ ﴿١٩﴾ وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَٰيِشَ وَمَن لَّسْتُمْ لَهُۥ بِرَٰزِقِينَ ﴿٢٠﴾ وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلَّا عِندَنَا خَزَآئِنُهُۥ وَمَا نُنَزِّلُهُۥٓ إِلَّا بِقَدَرٍ مَّعْلُومٍ ﴿٢١﴾

*لېكىن (شەيتانلاردىن) كىمكى ئوغرىلىقچە (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) قۇلاق سالماقچى بولىدىكەن، روشەن ئاقار يۇلتۇز ئۇنى قوغلاپ يېتىدۇ① [18]. زېمىننى سوزدۇق (يەنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق)، ئۇنىڭغا (مۇستەھكەم) تاغلارنى ئورناتتۇق، ئۇنىڭدا ھەر نەرسىدىن ئۆلچەملىك (مەلۇم مىقداردا) ئۇندۇردۇق② [19]. ھەمدە ئۇنىڭدا بىز سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار ئۈچۈنمۇ③ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بار قىلدۇق④ (ئۇلارنىڭ رىزقىنى سىلەر ئەمەس، بىز يارىتىمىز) [20]. ھەر قانداق نەرسە بولسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىلىرى (يەنى خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر⑤، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرۈپ تۇرىمىز [21].*

① ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاسماننىڭ خەۋەرلىرىگە ئوغرىلىقچە قۇلاق سېلىش ئۈچۈن ئۆرلىگەن شەيتانلارنى نۇرلۇق ئاقار يۇلتۇزلار قوغلاپ، بەزىسىنى كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىدۇ، بەزىسى قېچىپ قۇتۇلىدۇ، بەزىسى ئازراق خەۋەر ئاڭلاپ كېلىدۇ. بۇ جەريان ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «ئاللاھ تائالا ئاسماندا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلغاندا، پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ،

(ئاجىزلىقى ۋە كەمتەرلىكىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن) قاناتلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرىدۇ. بۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز خۇددى سىلىق تاش ئۈستىگە ئۇرۇلغان زەنجىرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە ئۇلارنىڭ بەزىسى ـ بەزىسىگە: پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟ دېيىشىدۇ. ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىزنىڭ سۆزى ھەقتۇر، پەرۋەردىگارىمىز بۈيۈك ۋە يۈكسەكتۇر، دەيدۇ، (ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە پەرىشتىلەرگە ئېلان قىلىنىدۇ). مۇشۇ ۋاقىتتا شەيتانلار بەزى سۆزلەرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدۇ، ئۇ سۆزنى ئاڭلىغان شەيتانلار، ئاستىدىكى شەيتانلارغا يەتكۈزىدۇ، ئۇلارمۇ ئاستىدىكىلەرگە يەتكۈزىدۇ، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدە مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ تۇرىدۇ، ئاستىدىكى شەيتان ئاڭلىغان سۆزنى ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن بۇرۇن كۆيدۈرگۈچى ئاقار يۇلتۇز ئۇلگۈرۈپ كېلىپ قالسا، ئۇ شەيتان كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. بەزىدە قۇلاق سالغۇچى شەيتان ئاڭلىغان سۆزنى ئۆزىنىڭ ئاستىدا تۇرغان شەيتانغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچە كۆيدۈرگۈچى نۇرلۇق ئاقار يۇلتۇز يېتىشىپ كېلەلمەي قالسا، ئۇ شەيتان ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان سۆزنى ئاستى تەرەپتىكى شەيتانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۇ سۆز زېمىنغىچە شۇنداق يەتكۈزۈلىدۇ. ئوغرىلىقچە ئاڭلانغان ئۇ سۆز زېمىنغا يېتىپ سېھىرگەر ياكى كاھىنغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇ سېھىرگەر ياكى كاھىن ئۇ سۆزگە يۈز يالغاننى قېتىپ بايان قىلىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى سۈرە ھىجىر تەپسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

② ﴿مَـوْزُوْنٍ﴾ مەلۇم ياكى تەكشى، ئۆلچەملىك دېگەن مەنىدە، يەنى ئۆسۈملۈكلەرنى ئېھتىياجغا قاراپ مەلۇم مىقداردا ئۈندۈردۇق.

③ ﴿مَعَايِشَ﴾ «مَعِيْشَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەئىشەت، مائاش، تىرىكچىلىك مەنبەسى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى دېگەن مەنىدە. يەنى زېمىندا سىلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭلار ئۈچۈن، ساناقسىز سەۋەب-ۋاستىلەر ۋە تىرىكچىلىك مەنبەلىرىنى يارىتىپ بەردۇق.

④ بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ قول ئاستىدىكى ئىشچى، قۇل، چاكار، ۋە ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى ھايۋانلارنى سىلەرگە بويسۇندۇرغان قىلدۇق، سىلەر ئۇلارغا مىنىسىلەر، ئۈستىگە يۈك-تاقاڭلارنى ئارتىسىلەر، تېخى سويۇپ گۆشىنى يەيسىلەر. چاكار ۋە دېدەكلەرنى خىزمىتىڭلارغا سالىسىلەر. گەرچە ئۇلار سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا بولسىمۇ، سىلەر

ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەك بەرسەڭلارمۇ، ئەمما ھەقىقەتتە ئۇلارغا رىزىق بەرگۈچى سىلەر ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادۇر. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۇلارغا رىزىق بەرگۈچى، ئۇلارغا بىز تاماق بەرمىسەك ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭلار!

⑤ بىر قىسىم مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى خەزىنىلەردىن يامغۇر كۆزدە تۇتۇلغان دەپ ئالىدۇ، چۈنكى ئۇلار يامغۇرسىز زىرائەت ئۈنمەيدۇ، دەپ قارايدۇ، لېكىن ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئۇنىڭدىن كائىناتتىكى بارلىق خەزىنىلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە مەلۇم مىقداردا يوقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ.

وَأَرۡسَلۡنَا ٱلرِّيَٰحَ لَوَٰقِحَ فَأَنزَلۡنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَسۡقَيۡنَٰكُمُوهُ
وَمَآ أَنتُمۡ لَهُۥ بِخَٰزِنِينَ ﴿٢٢﴾ وَإِنَّا لَنَحۡنُ نُحۡيِۦ وَنُمِيتُ وَنَحۡنُ
ٱلۡوَٰرِثُونَ ﴿٢٣﴾ وَلَقَدۡ عَلِمۡنَا ٱلۡمُسۡتَقۡدِمِينَ مِنكُمۡ وَلَقَدۡ عَلِمۡنَا
ٱلۡمُسۡتَـٔۡخِرِينَ ﴿٢٤﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ هُوَ يَحۡشُرُهُمۡۚ إِنَّهُۥ حَكِيمٌ عَلِيمٞ ﴿٢٥﴾
وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن صَلۡصَٰلٖ مِّنۡ حَمَإٖ مَّسۡنُونٖ ﴿٢٦﴾ وَٱلۡجَآنَّ
خَلَقۡنَٰهُ مِن قَبۡلُ مِن نَّارِ ٱلسَّمُومِ ﴿٢٧﴾

***بىز (ئۆسۈملۈكلەر ۋە بۇلۇتلارنى) چاڭلاشتۇرغۇچى شاماللارنى ئەۋەتتۇق①، ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى سۇغاردۇق، ئۇنى ساقلاشقا سىلەر قادىر ئەمەس② [22]. شەكسىزكى، بىزلا (يوقنى يارىتىپ) تىرىلدۈرىمىز، (ئەجىلى توشقاننى) ئۆلتۈرىمىز ۋە (ئاخىرىدا ھەممىگە) بىز ۋارىسلىق قىلىمىز [23]. شەكسىزكى، بىز سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىمۇ بىلىمىز ۋە (قىيامەتكە قەدەر) كېلىدىغانلارنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىمىز [24]. شەكسىزكى، رەببىڭ (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۇلارنى يىغىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [25]. شەكسىزكى، بىز ئىنساننى (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) (چەكسە) ئاۋاز چىقىدىغان قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتۇق③ [26]. جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس)نى ئىلگىرى***

***تۇتۇنسىز ئوت يالقۇنىدىن④ ياراتقان ئىدۇق [27].***

① يەنى شامالLarنىڭ بۇلۇتلارنى چاڭلاشتۇرۇشى بىلەن بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغىدۇ، دەرەخلەرنى چاڭلاشتۇرۇشى بىلەن دەرەخ شاخلىرىدىن چېچەكلەر ئېچىلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: ئەۋەتىلگەن شامالLar ئاسماندا ئىچىدە سۇ بار بۇلۇتلارنى كۆتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بولۇتلاردىن ھامىلىدار تۆگىدىن سۈت ئاققاندەك يامغۇر چۈشىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) قورسىقىدا بوتىلىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ھامىلىدار تۆگىمۇ " لَقْحَـةٌ " كۆتۈرگۈچى دەپ ئاتىلىدۇ.

② يەنى بىز چۈشۈرۈۋاتقان سۇنى سىلەر ئامبارلاشتۇرۇپ، زاپاس ساقلاشقىمۇ قادىر ئەمەس. بىز بۇ سۇنى بۇلاقلار، قۇدۇقلار، كۆللەر، دەريالار ۋە باشقا سۇ ساقلاش مەنبەلىرىدە ساقلاپ بېرىمىز، بۇ بىزنىڭ قۇدرىتىمىز ۋە رەھمىتىمىزنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر بىز خالىساق سۇ يۈزىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنى يەر ئۈستىدىن شۇ قەدەر تۆۋەنگە چۈشۈرىۋېتەتتۇقكى، سىلەرگە بۇلاق ۋە قۇدۇقلاردىن سۇ ئېلىش مۇمكىن بولماي قالاتتى. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا گاھىدا بەزى يۇرتلاردا شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئى ئاللاھ، بىزنى سۇسىزلىقتىن ساقلىغىن.

③ تۇپراقنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرىگە ئاساسەن ئاتىلىشىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، مەسىلەن: ﴿تُـرَابٌ﴾ قۇرۇق تۇپراق، ﴿طِينٌ﴾ ھۆل لاي، ﴿حَمَإٍ مَّسْنُونٍ﴾ قۇرۇق لاي، سېسىق پۇرايدىغان خېمىردەك يۇغۇرۇلغان لاي قاتارلىقلار. مۇشۇ (سېسىق پۇرايدىغان لاي) قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن چەكسە ئاۋاز چىقسا، ﴿صَلْصَالٍ﴾ قۇرۇتۇلغان لاي دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر ئوتقا سېلىپ پىشۇرۇلسا ﴿فَخَّارٌ﴾ ساپال دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بايان قىلغان ئىنساننى يارىتىش ماددىسىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئادەم قۇرۇق توپا ﴿حَمَإٍ مَّسْنُونٍ﴾، (لاي قىلىنغان، كۆيدۈرۈلگەن، سېسىق تۇپراق) تىن ياسالغان، ئۇ قۇرۇپ چەكسە جاراڭلايدىغان ﴿صَلْصَالٍ﴾ بولغاندا، ئۇنىڭغا روھ كىرگۈزۈلگەن. مۇشۇ چەكسە جاراڭلايدىغان ﴿صَلْصَالٍ﴾ يەنە بىر ئايەتتە ﴿الفَخَّارِ﴾ ساپالغا ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿(ئاللاھ) ئىنساننى (يەنى ئاتاڭلار ئادەمنى) (چەكسە جاراڭلايدىغان) ساپالدەك قۇرۇق لايدىن ياراتتى. جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى﴾. (سۈرە

رەھمان 14-ئايەت)

④ ﴿الْجَآنَّ﴾ «جىنلار» كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بولغاچقا جىن دەپ ئاتالغان، سۈرە رەھماندا ﴿جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى﴾ دېيىلگەن. سەھىھ مۇسلىمنىڭ بىر ھەدىسىدە «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان، جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلغان، ئادەم سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەنىدەك نەرسىدىن يارىتىلغان» دېيىلگەن. (سەھىھ مۇسلىم 2996-ھەدىس) بۇنىڭغا ئاساسەن ئوتنىڭ شولىسى ۋە ئوتنىڭ يالقۇنى ئوخشاش بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّى خَٰلِقٌۢ بَشَرًا مِّن صَلْصَٰلٍ مِّنْ حَمَإٍ
مَّسْنُونٍ ﴿٢٨﴾ فَإِذَا سَوَّيْتُهُۥ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِى فَقَعُوا۟ لَهُۥ
سَٰجِدِينَ ﴿٢٩﴾ فَسَجَدَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ ﴿٣٠﴾ إِلَّآ إِبْلِيسَ أَبَىٰٓ أَن
يَكُونَ مَعَ ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٣١﴾ قَالَ يَٰٓإِبْلِيسُ مَا لَكَ أَلَّا تَكُونَ مَعَ
ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٣٢﴾ قَالَ لَمْ أَكُن لِّأَسْجُدَ لِبَشَرٍ خَلَقْتَهُۥ مِن صَلْصَٰلٍ
مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ ﴿٣٣﴾ قَالَ فَٱخْرُجْ مِنْهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٌ ﴿٣٤﴾ وَإِنَّ
عَلَيْكَ ٱللَّعْنَةَ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٣٥﴾

*رەببىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن (چەكسە) ئاۋاز چىقىقۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) يارىتىمەن [28]. مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا روھىمدىن پۈلىگەن (يەنى جان كىرگۈزگەن) چاغدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار»① [29]. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى بىرىمۇ قالماي ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى [30]. پەقەت ئىبلىسلا ئۇلار بىلەن بىللە سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى [31]. ئاللاھ: «ئى ئىبلىس! سەن نېمىشقا سەجدە قىلغۇچىلار بىلەن بىللە سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى [32]. ئىبلىس: «(چەكسە) ئاۋاز چىقىقۇدەك قۇرۇغان قارا*

***لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس» دېدى② [33]. ئاللاھ ئېيتتى: «سەن جەننەتتىن يوقال، ھەقىقەتەن سەن قوغلاندى بولدۇڭ [34]. شەكسىزكى، قىيامەت كۈنىگە قەدەر ساڭا لەنەت يېغىپ تۇرىدۇ» [35].***

① بۇ ئايەتتىكى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان بۇيرۇق ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئىدى. چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ پەرزلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر. بىراق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ھەر قانداق كىشىگە ھۆرمەت يۈزىسىدىنمۇ سەجدە قىلىش جايىز ئەمەس.

② شەيتان سەجدە قىلماسلىقنىڭ سەۋەبىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ لايدىن يارىتىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان بولغانلىقى دەپ كۆرسەتتى. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئىنساننى ئۇنىڭ ئادەمزات ۋە ئىنسان بولغانلىقىغا ئاساسەن تۆۋەن كۆرۈش شەيتاننىڭ پەلسەپىسىدۇر، ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ئەقىدىسى ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا ھەقىقەت ئەھلى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن بولغانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىنسان ۋە ئادەمزات ئىكەنلىكىنى قۇرئان كەرىم ئۆزى ئوچۇق بايان قىلغان. دېمەك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئادەمزاتى بولغانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ.

قَالَ رَبِّ فَأَنظِرْنِيٓ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ ﴿٣٦﴾ قَالَ فَإِنَّكَ مِنَ ٱلْمُنظَرِينَ ﴿٣٧﴾
إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْوَقْتِ ٱلْمَعْلُومِ ﴿٣٨﴾ قَالَ رَبِّ بِمَآ أَغْوَيْتَنِي لَأُزَيِّنَنَّ لَهُمْ فِي
ٱلْأَرْضِ وَلَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٣٩﴾ إِلَّا عِبَادَكَ مِنْهُمُ ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٤٠﴾
قَالَ هَٰذَا صِرَٰطٌ عَلَيَّ مُسْتَقِيمٌ ﴿٤١﴾ إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ
سُلْطَٰنٌ إِلَّا مَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلْغَاوِينَ ﴿٤٢﴾ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمَوْعِدُهُمْ
أَجْمَعِينَ ﴿٤٣﴾

***ئىبلىس: «ئى رەببىم! ماڭا (مەخلۇقات) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە***

قــەدەر مۆھلــەت بەرگــىن (يەنــى مېنــى ھايــات قالدۇرغــىن)» دېــدى [36]. ئالــلاھ: «ســەن چوقــۇم مەلــۇم ۋاقىتقىچــە مۆھلــەت بېرىلىدىغانلاردىنسەن» دېدى [37-38]. ئىبلىس ئېيتتى: «ئى رەببىم! سەن مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم بالىلىرىغا (گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن [39]. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)» [40]. ئاللاھ ئېيتتى: «بۇ ماڭا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ توغرا يولدۇر① [41]. شەكسىزكى، مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ)②، پەقەت ئازغۇنلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارغا سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ)» [42]. شەكسىزكى، دوزاخ ئۇلار (يەنى ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى) نىڭ ھەممىسىگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر③ [43].

① يەنى سىلەر ھەممىڭلار ئاخىرى مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، كىمكى ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمگە ئىتائەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات بېرىمەن؛ كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، گۇمراھلىق يولىدا ماڭغان بولسا، ئۇنىڭغا قاتتىق جازا بېرىمەن، ئۇ جازا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان جەھەننەمدۇر.

② يەنى مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىمنى ئازدۇرۇشقا سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئۇلاردىن ھېچقانداق گۇناھ سادىر بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا گۇناھتىن كېيىن پۇشايمان قىلىش ۋە تەۋبە قىلىش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. دېمەك ئۇلاردىن بىر قىسىم گۇناھلار سادىر بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىدۇ، تەۋبە قىلىدۇ. ئىنساننى ھالاكەتكە باشلاشقا سەۋەب بولىدىغان گۇناھ شۇكى، ئۇنى سادىر قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىنساندا نە پۇشايمان ئالامىتى كۆرۈلمەيدۇ، نە تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا قايتىش ئىستىكى پەيدا بولمايدۇ، ئەنە شۇنداق گۇناھتىن كېيىن ئىنسان گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلىپ كېتىۋېرىدۇ، ئاخىرىدا مەڭگۈلۈك ھالاكەت ۋە زاۋاللىققا دۇچار بولىدۇ. سالىھ مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇلار گۇناھتا چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ، بەلكى گۇناھ قىلىپ سالسا، دەرھال تەۋبە قىلىپ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭدىن

ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ.

③ يەنى سىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭنىڭ ھەممىسى جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ.

لَهَا سَبْعَةُ أَبْوَٰبٍ لِّكُلِّ بَابٍ مِّنْهُمْ جُزْءٌ مَّقْسُومٌ ﴿٤٤﴾ إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٤٥﴾ ٱدْخُلُوهَا بِسَلَٰمٍ ءَامِنِينَ ﴿٤٦﴾ وَنَزَعْنَا مَا فِى صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَٰنًا عَلَىٰ سُرُرٍ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٤٧﴾ لَا يَمَسُّهُمْ فِيهَا نَصَبٌ وَمَا هُم مِّنْهَا بِمُخْرَجِينَ ﴿٤٨﴾ ۞ نَبِّئْ عِبَادِىٓ أَنِّىٓ أَنَا ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٤٩﴾

***جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەربىر دەرۋازىدىن كىرىدىغان مۆئەييەن بىر گۇرۇھ بار① [44]. تەقۋادارلار ئەلۋەتتە جەننەت باغچىلىرىدا ۋە (سۇ، ھەسەل، سۈت ۋە مەي ئېقىپ تۇرىدىغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ② [45]. (ئۇلارغا) «جەننەتكە ئامان - ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار!» دېيىلىدۇ③ [46]. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز④، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ [47]. جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن ئەسلا چىقىرىۋېتىلمەيدۇ [48]. (ئى پەيغەمبەر!) مېنىڭ (مۆئمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن [49].***

① يەنى ئۇ جەھەننەمنىڭ ھەربىر دەرۋازىسى مۆئەييەن بىر گۇرۇھ كىشىلەرگە خاس بولىدۇ، مەسىلەن: بىر دەرۋازا يەھۇدىيلار ئۈچۈن، يەنە بىر دەرۋازا خرىستىيانلار ئۈچۈن، شۇنىڭدەك مۇشرىكلار، سابىئىنلار، مەجۇسىيلار، مۇناپىقلار ۋە ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغان گۇناھكارلار ئۈچۈنمۇ ئايرىم دەرۋازا بولىدۇ، ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغان گۇناھكار مۆئمىنلەر ئەپۇ قىلىنىپ، جەھەننەمدىن چىقىدۇ، باشقىلار ھەرگىز ئەپۇ قىلىنمايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ياكى يەتتە دەرۋازا دېگەندىن يەتتە

قەۋەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەت جەھەننەم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىكىسى لەزا، ئۇنىڭ ئاستىدا ھۆتەمە، سەئىر، سەقەر، جەھىم، ھاۋىيە بولىدۇ. ھەممىدىن ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى جەھەننەمگە ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغان گۇناھكارلار كىرىدۇ. ئۇلار گۇناھىغا لايىق ئازابلانغاندىن كېيىن ياكى شاپائەتكە ئېرىشىپ ئۇنىڭدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىكى قەۋەتكە يەھۇدىيلار، شۇ تەرتىپ بويىچە خرىستىئانلار، سابىئىنلار، مەجۇسىيلار، مۇشرىكلار، مۇناپىقلار كىرىدۇ. ئەڭ ئۈستىدىكى قەۋەتنىڭ نامى جەھەننەم، ئۇنىڭ ئاستىدىكى قەۋەتلەرنىڭناملىرى يۇقىرىدىكى تەرتىپ بويىچە بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ ئايەت دوزاخ ۋە دوزىخىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، جەننەتكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ﴿الْمُتَّقِينَ﴾ دېگەندە شېرىكتىن ئۆزىنى ساقلىغۇچىلار، ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بارلىق گۇناھلاردىن ئۆزىنى ساقلىغان مۇئمىنلەر ھەم مەزكۇر تەقۋادارلارنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. ﴿جَنَّتٍ﴾ دېگەندىن باغلار، ﴿عُيُونٍ﴾ دېگەندىن ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردىكى باغلار ۋە بۇلاقلار بارلىق تەقۋادارلار ئۈچۈن ئورتاق بولىدۇ ياكى ھەر بىرى ئۈچۈن ئايرىم باغلار ۋە بۇلاقلار بولىدۇ، ياكى ھەر بىر كىشىگە بىر باغ ۋە بىر بۇلاق بېرىلىدۇ.

③ يەنى ھەر تۈرلۈك ئاپەتلەردىن سالامەت بولغان ۋە ھەر خىل قورقۇنچتىن ئەمىن بولغان ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار! ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا ياكى پەرىشتىلەر جەننەت ئەھلىگە سالامەتلىك تىلەپ دۇئا قىلىدۇ ياكى ئاللاھ تەرەپتىن ئۇلارغا سالامەتلىك ۋە ئەمىنلىك بېرىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ.

④ دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەسەت ۋە ئاداۋەت بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ھېچبىر ئادەمنىڭ قەلبىدە يەنە بىر ئادەمگە قارىتا غۇم بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئەينەكتەك سۈزۈك ۋە پاك بولىدۇ.

وَأَنَّ عَذَابِي هُوَ ٱلْعَذَابُ ٱلْأَلِيمُ ﴿٥٠﴾ وَنَبِّئْهُمْ عَن ضَيْفِ إِبْرَٰهِيمَ ﴿٥١﴾

إِذۡ دَخَلُواْ عَلَيۡهِ فَقَالُواْ سَلَٰمٗا قَالَ إِنَّا مِنكُمۡ وَجِلُونَ ﴿٥٢﴾ قَالُواْ لَا
تَوۡجَلۡ إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَٰمٍ عَلِيمٖ ﴿٥٣﴾ قَالَ أَبَشَّرۡتُمُونِي عَلَىٰٓ أَن مَّسَّنِيَ
ٱلۡكِبَرُ فَبِمَ تُبَشِّرُونَ ﴿٥٤﴾ قَالُواْ بَشَّرۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ فَلَا تَكُن مِّنَ
ٱلۡقَٰنِطِينَ ﴿٥٥﴾ قَالَ وَمَن يَقۡنَطُ مِن رَّحۡمَةِ رَبِّهِۦٓ إِلَّا ٱلضَّآلُّونَ ﴿٥٦﴾
قَالَ فَمَا خَطۡبُكُمۡ أَيُّهَا ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿٥٧﴾ قَالُوٓاْ إِنَّآ أُرۡسِلۡنَآ إِلَىٰ قَوۡمٖ
مُّجۡرِمِينَ ﴿٥٨﴾

*(شۇنىڭ بىلەن بىرگە) مېنىڭ ئازابىممۇ ھەقىقەتەن ئەلەملىك ئازابتۇر [50]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ مېھمانلىرى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگىن [51]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بەرگەن ئىدى، ئىبراھىم: «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن قورقۇۋاتىمىز» دېدى① [52]. ئۇلار: «قورقمىغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا (ئۆسۈپ چوڭ بولغىنىدا) ناھايىتى بىلىملىك (بولىدىغان) بىر ئوغۇل (يەنى ئىسھاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز» دېدى [53]. ئىبراھىم: «مەن قېرىپ كەتكەن تۇرسام، ماڭا خۇش خەۋەر بەردىڭلارمۇ؟ ماڭا نېمە بىلەن خۇش خەۋەر بېرىۋاتىسىلەر؟» دېدى [54]. ئۇلار: «بىز ساڭا راست ئىش بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق، ئۈمىدسىزلەردىن بولمىغىن» دېدى② [55]. ئىبراھىم: «رەببىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟» دېدى③ [56]. ئىبراھىم: «ئى ئەلچىلەر! (يەنە باشقا) نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟» دېدى④ [57]. ئۇلار ئېيتتى: «بىز ھەقىقەتەن گۇناھكار بىر قەۋمگە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق [58].*

① ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەردىن قورققانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەييارلىغان سېمىز موزاي كاۋاپنى يېمىگەن ئىدى. بۇ نۇقتا سۈرە ھۇدتا تەپسىلىي بايان قىلىندى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلىرىمۇ غەيبنى بىلمەيدۇ، ئەگەر پەيغەمبەر غەيب ئىلمىنى بىلىدىغان بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەلگەن مېھمانلارنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى

بىلەر ئىدى ۋە ئۇلارغا تاماق تەييار قىلىپمۇ ئولتۇرمايتتى، چۈنكى پەرىشتىلەر ئىنسانلاردەك يېمەك-ئىچمەككە موھتاج ئەمەستۇر.

② چۈنكى بۇ خىلاپلىق قىلىنمايدىغان ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. ئۇنىڭ دەرگاھىدا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوقتۇر.

③ يەنى ماڭا بىر ئوغۇل بېرىلىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىنىڭلارغا ھەيران قالغانلىقىم پەقەت ئۆزۈمنىڭ قېرىپ قالغانلىقىمدىندۇر، رەببىمنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولغانلىقىمدىن ئەمەس. رەببىنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت گۇمراھ كىشىلەرلا نائۈمىد بولىدۇ.

④ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەر بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پەقەت بىر ئوغۇل بىلەن بېشارەت بېرىش ئۈچۈنلا كەلمىگەنلىكىنى يەنە باشقا بىر مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى پەملىدى-دە ئۇلاردىن يەنە نېمە ئىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

إِلَّآ ءَالَ لُوطٍ إِنَّا لَمُنَجُّوهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٥٩﴾ إِلَّا ٱمۡرَأَتَهُۥ قَدَّرۡنَآ إِنَّهَا
لَمِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿٦٠﴾ فَلَمَّا جَآءَ ءَالَ لُوطٍ ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿٦١﴾ قَالَ إِنَّكُمۡ
قَوۡمٞ مُّنكَرُونَ ﴿٦٢﴾ قَالُواْ بَلۡ جِئۡنَٰكَ بِمَا كَانُواْ فِيهِ يَمۡتَرُونَ ﴿٦٣﴾
وَأَتَيۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿٦٤﴾ فَأَسۡرِ بِأَهۡلِكَ بِقِطۡعٖ مِّنَ ٱلَّيۡلِ
وَٱتَّبِعۡ أَدۡبَٰرَهُمۡ وَلَا يَلۡتَفِتۡ مِنكُمۡ أَحَدٞ وَٱمۡضُواْ حَيۡثُ
تُؤۡمَرُونَ ﴿٦٥﴾ وَقَضَيۡنَآ إِلَيۡهِ ذَٰلِكَ ٱلۡأَمۡرَ أَنَّ دَابِرَ هَٰٓؤُلَآءِ مَقۡطُوعٞ
مُّصۡبِحِينَ ﴿٦٦﴾ وَجَآءَ أَهۡلُ ٱلۡمَدِينَةِ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿٦٧﴾

***پەقەت لۇتنىڭ ئائىلىسىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىز ئۇلار (يەنى لۇتنىڭ تەۋەلىرى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر) نىڭ ھەممىسىنى (ئازابتىن) چوقۇم قۇتقۇزىمىز [59]. پەقەت لۇتنىڭ خوتۇنىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىز ئۇنىڭ چوقۇم ئازابتا قالغۇچىلاردىن بولۇشىنى ئالدىن بېكىتىۋەتتۇق» [60]. ئەلچىلەر لۇتنىڭ ئائىلىسىگە***

***كەلگەن چاغدا① [61]. لۇت: «سىلەر ھەقىقەتەن ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟» دېدى [62]. ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس (بىز ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىمىز)، بىز سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭ) شەكلىنىۋاتقان نەرسىنى (يەنى ئازابنى) ئېلىپ كەلدۇق② [63]. بىز ساڭا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدۇق، بىز ئەلۋەتتە (سۆزىمىزدە) راستچىلمىز③ [64]. كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ يولغا چىققىن، ئۆزۈڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغىن④، سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئارقىسىغا قارىمىسۇن، سىلەر بۇيرۇلغان يەرگە قاراپ ئىلگىرىلەۋېرىڭلار» [65]، لۇتقا: «سەھەردە بۇلارنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلىدۇ (يەنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىنىدۇ)» دېگەن ھۆكۈمنى ۋەھىي قىلدۇق⑤ [66]. (سەدۇم) شەھەر ئاھالىسى (يەنى لۇتنىڭ قەۋمى) خۇشال بولغان ھالدا يېتىپ كېلىشتى⑥ [67].***

① پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يۇزلىرى چىرايلىق، كېلىشكەن يىگىتلەر سۈرىتىدە كەلگەن ئىدى، ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامغا ناتونۇش ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنى تونۇمىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

② يەنى قەۋمىڭ شەكلىنىۋاتقان ئاللاھنىڭ ئازابىنى ئېلىپ كەلدۇق.

③ بۇ ئايەتتىكى ﴿ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدۇق﴾ دېگەندىن ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن ئازاب كۆزدە تۇتۇلغان، شۇڭا ئۇلار: ئازابنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزىمىز راستتۇر، ئەمدى بۇ قەۋمنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى، دېدى.

④ يەنى كەينىدە قالغانلارنى تويقا يېتىشتۈرۈپ ماڭغىن، مۇئمىنلەردىن ھېچكىم كېيىن قالمىسۇن.

⑤ يەنى لۇت ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن تەلتۆكۈس ھالاك قىلىنىدىغانلىقى ۋەھىي ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى. ﴿دَابِرَ﴾ نى قېلىپ قالغان ئاخىرقى ئادەم دېگەن مەنىدە ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇ ئاخىرقى ئادەممۇ سەھەرگىچە ھالاك قىلىنىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

⑥ بۇ تەرەپتە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە قەۋمىنىڭ ھالاك

بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلەر بولۇۋاتاتتى، ئۇ تەرەپتە بولسا، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ ئۆيىگە چىرايلىق، كېلىشكەن يىگىتلەرنىڭ مېھمان بولۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، لىۋاتە (بەچچىۋازلىق) غەرەزلىرى سەۋەبلىك ناھايىتى خۇش بولۇۋاتاتتى، ئۇلار شۇ خۇشلۇقىدا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن يىگىتلەرنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى، ئۇلار بىلەن نومۇسسىز ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

قَالَ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ ضَيۡفِي فَلَا تَفۡضَحُونِ ﴿٦٨﴾ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُخۡزُونِ ﴿٦٩﴾
قَالُوٓاْ أَوَلَمۡ نَنۡهَكَ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٧٠﴾ قَالَ هَٰٓؤُلَآءِ بَنَاتِيٓ إِن كُنتُمۡ
فَٰعِلِينَ ﴿٧١﴾ لَعَمۡرُكَ إِنَّهُمۡ لَفِي سَكۡرَتِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿٧٢﴾

***لۇت ئېيتتى: «بۇلار ھەقىقەتەن مېنىڭ مېھمىنىم، (ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇپ) مېنى رەسۋا قىلماڭلار① [68]. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (مېھمىنىمنى خارلاپ) مېنى خىجالەتتە قويماڭلار» [69]. ئۇلار: «بىز سېنى كىشىلەردىن (يەنى ئۇلارنى ھىمايە قىلىشتىن) توسمىغانمىدۇق؟» دېدى② [70]. لۇت: «ئەگەر (ئويلىغىنىڭلارنى) قىلماقچى بولساڭلار، بۇلار (يەنى قەۋمىمنىڭ خوتۇن - قىزلىرى) مېنىڭ قىزلىرىمدۇر، (ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار)» دېدى③ [71]. (ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ئۆمرۈڭ (ھاياتىڭ) بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ④ [72].***

① لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، بۇلار مېنىڭ مېھمانلىرىم تۇرسا، قانداقمۇ سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، بۇ دېگەن مېنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىمگە مۇناسىۋەتلىك ئىش تۇرسا، دېدى.

② ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىكى ۋە ئەخلاقسىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دېدى: ئى لۇت! سەن بۇ يات ئادەملەرنىڭ نېمىسى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ھىمايە قىلىسەن؟ بىز سېنى يات كىشىلەرنى ھىمايە قىلىشتىن توسمىغانمىدۇق؟ لۇت ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى قەۋمىگە بۇ يات مېھمانلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ

نومۇسسىز قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن دېگەن ئىدى. بۇ نۇقتا سۈرە ھۇدتا تەپسىلىي بايان قىلىندى. بۇ ئايەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكى ئىلگىرى تىلغا ئېلىندى.

③ يەنى سىلەر ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىڭلار. بۇ ئايەتتىمۇ لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئاياللىرىنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى دەپ ئاتىدى، يەنى سىلەر شۇ ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىڭلار ياكى ئەمرىڭلاردىكى ئاياللار بىلەن جىنسىي خاھىشىڭلارنى قاندۇرۇڭلار.

④ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆمرى ۋە ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرى مەرتىۋە ۋە شەرەپكە ئىگە ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ھېچكىمگە ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش جايىز ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھاكىم مۇتلەقتۇر، ئاللاھ كىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشنى خالىسا، ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدۇر. «تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ» يەنى ھاراق ئېچىپ مەست بولغان ئادەم ئەقلىدىن ئاداشقاندەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قايمۇقىشى ۋە گۇمراھلىقىدا شۇقەدەر تېڭىرقاپ، سەرگەردان يۈرگەن ئىدىكى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچىلىك ئەقىلگە ئۇيغۇن سۆزلىرىنىمۇ چۈشىنەلمەي قالدى.

فَأَخَذَتْهُمُ ٱلصَّيْحَةُ مُشْرِقِينَ ﴿٧٣﴾ فَجَعَلْنَا عَٰلِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمْطَرْنَا
عَلَيْهِمْ حِجَارَةً مِّن سِجِّيلٍ ﴿٧٤﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّلْمُتَوَسِّمِينَ ﴿٧٥﴾
وَإِنَّهَا لَبِسَبِيلٍ مُّقِيمٍ ﴿٧٦﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٧٧﴾ وَإِن كَانَ
أَصْحَٰبُ ٱلْأَيْكَةِ لَظَٰلِمِينَ ﴿٧٨﴾

***كۈن چىقار ۋاقتىدا ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز يۈزلەندى① [73]. بىز ئۇ شەھەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق② (يەنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتۇق) ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاش ياغدۇردۇق③ [74]. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازابتا) كۆزەتكۈچىلەر④ ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەت بار [75]. ئۇ (شەھەر خارابىسى) ھېلھەم يول ئۈستىدە تۇرماقتا⑤ [76]. بۇنىڭدا***

*مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار [77]. ئەيكەلىكلەرمۇ ھەقىقەتەن (ھەددىدىن ئاشقان) زالىملار ئىدى⑥ (يەنى كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلار ئىدى) [78].*

① كۈن چىققان چاغدا ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز يۈزلەندى-دە ھەممىسىنى ھالاك قىلدى، بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ قاتتىق ئاۋاز جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى ئىدى.

② بۇ شەھەر زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى، ئاندىن زېمىنغا دۈم كۆمتۈرۈپ تاشلاندى. دېمەك بۇ شەھەرنىڭ ئۈگزىسى ئاستىغا دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، زېمىنغا چۆكتۈرىۋېتىلدى.

③ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاشلار ياغدۇرۇلدى، دېمەك ئۇلارغا ئۈچ تۈرلۈك ئازاب چۈشۈرۈلۈپ، ئىبرەت نىشانى قىلىندى.

④ چوڭقۇر كۆزەتكۈچىلەر ۋە تەپەككۇر قىلغۇچىلار ﴿مُتَوَسِّمِينَ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ، ھەقىقەتەن كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن بۇ ۋەقەدە نۇرغۇن ئىبرەت ۋە بەلگە بار.

⑤ ئۇنىڭدىن ئاممىۋى چوڭ يول كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى لۇت قەۋمىنىڭ شەھەرلىرى مەدىنىدىن شامغا بارىدىغان چوڭ يول ئۈستىگە توغرا كېلىدۇ، يولۇچىلار شامغا بېرىپ-كېلىشتە بۇ شەھەرلەردىن ئۆتمەي ماڭالمايدۇ.

⑥ «ئەيكە» دېگەن قويۇق ئورمانلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەھەردە ئورمانلىق كۆپ بولغاچقا، ئۇ يەردە ياشايدىغانلار ئەسھابۇلئەيكە (ئورمانلىق ئەھلى) دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ زامانىسىدىن كېيىن بولۇپ، ئورنىمۇ ھىجاز بىلەن شام ئارىلىقىدا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىگە يېقىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇرتى مەديەن دەپ ئاتىلاتتى، مەديەن ئەسلىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياكى نەۋرىسىنىڭ نامى ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ نامى بۇ شەھەرنىڭ نامى بولۇپ قالغان. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئۇلارنىڭ گۇناھى ئىدى، يولدىن ئۆتكەن كارۋانلارنى بۇلاش ئۇلارنىڭ ھۈنىرى ۋە ئۆلچەم-تارازىدا كەم بېرىش ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇلارغا ئازاب كەلگەندە بىر

بۇلۇت ئۇلارغا سايە بولۇپ، قاتتىق ئاۋاز ۋە زىلزىلە قاتارلىق ئازابلار بىرلىكتە كېلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلدى.

فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ وَإِنَّهُمَا لَبِإِمَامٖ مُّبِينٖ ﴿٧٩﴾ وَلَقَدۡ كَذَّبَ أَصۡحَٰبُ
ٱلۡحِجۡرِ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٨٠﴾ وَءَاتَيۡنَٰهُمۡ ءَايَٰتِنَا فَكَانُواْ عَنۡهَا مُعۡرِضِينَ ﴿٨١﴾
وَكَانُواْ يَنۡحِتُونَ مِنَ ٱلۡجِبَالِ بُيُوتًا ءَامِنِينَ ﴿٨٢﴾ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلصَّيۡحَةُ
مُصۡبِحِينَ ﴿٨٣﴾ فَمَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٨٤﴾ وَمَا
خَلَقۡنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّۗ وَإِنَّ ٱلسَّاعَةَ
لَأٓتِيَةٞۖ فَٱصۡفَحِ ٱلصَّفۡحَ ٱلۡجَمِيلَ ﴿٨٥﴾

(شۇئەيبنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن) بىز ئۇلاردىنمۇ ئىنتىقام ئالدۇق، (لۇت قەۋمىنىڭ شەھىرى بىلەن ئەيكەلىكلەرنىڭ شەھىرى) ھەر ئىككىسى (نىڭ خارابىلىرى) ھېلىھەم ئاشكارا يول ئۈستىدىدۇر① (ئى مەككە ئاھالىسى! ئۇلاردىن ئىبرەت ئالامسىلەر؟) [79]. شەكسىزكى، ھىجرلىكلەرمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى② (يەنى ئۇلارنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى باشقا پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئىنكار قىلغانلىقىدۇر) [80]. بىز ئۇلارغا مۆجىزىلىرىمىزنى كەلتۈرگەن ئىدۇق (يەنى تاشتىن چىشى تۆگە چىقىرىشتەك قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەرنى ئۇلارغا كۆرسەتكەن ئىدۇق)، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى③ [81]. ئۇلار (ئازابتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تاغلارنى تېشىپ (بۇ بىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدۇ دەپ) ئۆيلەرنى ياسايتتى④ [82]. لېكىن ئۇلارنى قاتتىق بىر ئاۋاز سەھەردىلا ھالاك قىلدى⑤ [83]. ئۇلارنىڭ (ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن) قىلغانلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى (يەنى ئۇلارنىڭ سالغان بىنالىرى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى) [84]. بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدىلا ياراتتۇق⑥، قىيامەتنىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) چىرايلىق مۇئامىلە

*قىلىپ تۇرغىن [85].*

① ﴿إِمَامٍ مُّبِينٍ﴾نىڭ مەنىسى كىچە-كۈندۈز كىشىلەر مېڭىپ تۇرىدىغان چوڭ ئاممىۋىي يول ئۈستىدە دېمەكتۇر. ئىككى شەھەر دېگەندىن لۇت قەۋمىنىڭ شەھىرى «سەدۇم» ۋە شۇئەيب قەۋمىنىڭ تۇرار جايى «مەديەن» كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ ئىككى شەھەر بىر-بىرىگە يېقىن ئىدى.

② ﴿الْحِجْرِ﴾ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سەمۇدنىڭ يۇرت نامى ئىدى، ئۇ قەۋم ﴿اَصْحٰبُ الْحِجْرِ﴾ ھىجىرلىقلار دەپ ئاتالدى، بۇ شەھەر مەدىنە بىلەن تەبۇك ئارىسىغا جايلاشقان ئىدى. (ھازىر ئۇ يۇرتقا يېقىن ئەلئۇلا دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئاۋات شەھەر بار، ﴿الْحِجْرِ﴾ ھازىر «مەدائىن سالىھ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر) ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقاردى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ھىجىرلىكلەر ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴾. «پەيغەمبەرلەر» كۆپلۈك شەكلىدە كەلدى. چۈنكى بىر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىق ھەممە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

③ ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئاللاھ تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا قىلىشى بىلەن قاتتىق قورام تاشتىن تۆگە چىقىرىپ، مۆجىزە كۆرسەتكەن ئىدى، لېكىن بۇ زالىملار ئۇ تۆگىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

④ يەنى ئۇلار قورقۇنچىسى يوق ياكى ئېھتىياجى يوق بولسىمۇ تاغلارنى تېشەتتى. ھىجرىيەنىڭ 9-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا كېتىۋېتىپ ھىجىر جىلغىسىدىن ئۆتكەندە، بېشىغا بىر لاتىنى ئورىۋېلىپ، ئۇلۇغىنى تېزلەتتى ۋە ساھابىلىرىگە مۇنداق دېدى: «ئازاب چۈشكەن قەۋمنىڭ ماكانىغا يىغلىغان ھالدا كىرىڭلار، ئەگەر يىغلىيالمىساڭلار، ئۇلارغا يەتكەن ئازابنىڭ سىلەرگە يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ يىغلاڭلار». (سەھىھۇل بۇخارى 4419-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2980-ھەدىس) يەنە بىر رىۋايەتتە «ساھابىلەر ئۇ شەھەردىكى قۇدۇقلاردىن سۇ ئېلىۋالغان، ئۇنىڭ بىلەن خېمىرمۇ يۇغۇرغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سۇنى تۆكىۋېتىڭلار، خېمىرنى تۆگىلەرگە بېرىۋېتىڭلار، دەپ ئەمر قىلدى». (سەھىھ مۇسلىم 2981-ھەدىس)

⑤ سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئۈچ كۈندىن كېيىن سىلەرگە ئازاب كېلىدۇ، دېگەن ئىدى، دېگەندەك تۆتىنچى كۈنى سەھەردە ئۇلارغا مەزكۇر

ئازاب كەلدى.

⑥ ﴿ھەق ئاساسىدىلا﴾ دېگەندىن ئاسمان-زېمىننى يارىتىشتىن مەقسەت قىلىنغان پايدا-مەنپەئەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ساليھلارغا ياخشىلىقلىرىغا يارىشا مۇكاپات بېرىش، يامانلارغا قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىشتىن ئىبارەت يارىتىشتىكى مەقسەت ۋە ھېكمەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، مەسىلەن يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ (ئۇلارنى) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالاش، (تائەت-ئىبادەتلەرنى) مۇكەممەل قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (ياراتتى)﴾. (سۈرە نەجم 31-ئايەت)

إِنَّ رَبَّكَ هُوَ ٱلْخَلَّٰقُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨٦﴾ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَٰكَ سَبْعًا مِّنَ ٱلْمَثَانِى وَٱلْقُرْءَانَ ٱلْعَظِيمَ ﴿٨٧﴾ لَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّنْهُمْ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَٱخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨٨﴾ وَقُلْ إِنِّىٓ أَنَا ٱلنَّذِيرُ ٱلْمُبِينُ ﴿٨٩﴾ كَمَآ أَنزَلْنَا عَلَى ٱلْمُقْتَسِمِينَ ﴿٩٠﴾ ٱلَّذِينَ جَعَلُوا۟ ٱلْقُرْءَانَ عِضِينَ ﴿٩١﴾

***شەكسىزكى، رەببىڭ ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [86]. شەكسىزكى، بىز ساڭا (نامازدا) تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى① (يەنى سۈرە فاتىھەنى) ۋە (ئۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئۇلۇغ قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق [87]. بىز ئۇلاردىن (يەنى كاپىرلاردىن) بەزىسىنى بەھرىمەن قىلغان نەرسىلەرگە كۆز سالمىغىن، (ئىمان ئېيتمىدى دەپ) ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن، مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن② [88]. «مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېگىن [89]. (ئىلاھىي كىتابنى ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق) بۆلۈۋەتكۈچىلەرگە (تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى) نازىل قىلغاندەك، (ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلدۇق) [90]. ئۇ بۆلۈۋەتكۈچىلەر قۇرئاننىمۇ (بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىپ) بۆلەكلەرگە***

بولۇۋەتتى③ [91].

① ﴿تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەت﴾تىن نېمە مەقسەت قىلىنغان؟ بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ھەر خىل كۆز قاراشلار بار. كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭدىن ھەر نامازدا ۋە نامازنىڭ ھەر رەكئەتلىرىدە تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان سۈرە فاتىھە مەقسەت قىلىنغان. " مَثَانِيْ "نىڭ مەنىسى (قايتا-قايتا تەكرارلىنىدىغان دېمەكتۇر) بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ﴾، ئۇ نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ماڭا بېرىلگەن كاتتا قۇرئاندۇر» (سەھىھۇل بۇخارى4703 -ھەدىس)، يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننىڭ جەۋھىرى سۈرە فاتىھە، نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ئۇلۇغ قۇرئاندۇر». (سەھىھۇل بۇخارى4704-ھەدىس) سۈرە فاتىھە قۇرئاننىڭ بىر قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن «ئۇلۇغ قۇرئان» دېگەن سۆز بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنغان.

② يەنى بىز ساڭا سۈرە فاتىھە ۋە ئۇلۇغ قۇرئاندەك نېمەتلەرنى ئاتا قىلدۇق، شۇڭا سەن دۇنيانىڭ زىننىتى ۋە ئەھلى دۇنياغا كۆز قىرىڭنى سالمىغىن، تېزلا تۈگەپ كېتىدىغان ۋاقىتلىق نازۇنېمەتلەرنى ئۇلارغا بىز ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ سېنى يالغانغا چىقارغانلىقىغا قايغۇرمىغىن. ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِيْنَ﴾ نىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، مۆئمىنلەرگە بىلىكىڭنى تۆۋەن قىلغىن يەنى ئۇلارغا مۇلايىم ۋە مېھرىبان بولغىن. ئايەتتىكى ﴿جَنَاحَ﴾ ئەسلىدە قانات دېگەن مەنىدە، بۇ ئەرەب تىلىدىكى بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر، مەسىلەن: قۇش باللىرىنى چاقىرماقچى بولسا، قانىتىنى ئاچىدۇ، باللىرى قانىتىنىڭ ئاستىغا كىرگەندە قانىتىنى ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ياپىدۇ، دېمەك بۇ ئىبارە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش، (قانات ئاستىغا ئېلىش)، مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

③ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ نەزىرىدە «نازىل قىلدۇق» دېگەن ئۆتۈملۈك پېئىلدىن كېيىن كېلىدىغان چۈشۈم كېلىش «ئازاب» جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى: «مەن سىلەرنى ئاللاھ بولۇۋەتكۈچىلەرگە چۈشۈرگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن». «بولۇۋەتكۈچىلەر» كىم؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى

بۆلەكلەرگە بۆلۈۋەتكەنلەردۇر. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئۇلار قۇرەيش قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلار قۇرئاننى بۆلەكلەرگە بۆلۈۋەتكەن، ئۇلار قۇرئاننىڭ بىر قىسىم بۆلەكلىرىنى سېھىر دېگەن، يەنە بىر قىسمىنى شېئىر، كاھىننىڭ سۆزى يەنە بىر قىسمىنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى دېگەن ئىدى. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتتىكى «قۇرئان» دېگەندىن تەۋرات ۋە ئىنجىل، «بۆلۈۋەتكۈچىلەر» دېگەندىن ئەھلى كىتاب كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار ساماۋى كىتابلارنى پارچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۆزگەرتكەن، بۇرمىلىغان، ئاندىن ئۇنى باشقا بىر كىتاب قىلىۋەتكەنلەر ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر دېدىكى، «بۆلۈۋەتكۈچىلەر» سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدۇر، ئۇلار ئۆز ئارا قەسەم ئىچىشىپ سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى كېچە قاراڭغۇسىدا ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان ئىدى، ﴿[ئۇلار: «ئۆزئارا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىشىڭلار» دېدى. ئۇلار ئېيتتى: «بىر كېچىدە سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرەيلى»﴾.[(سۈرە نەمل 49 - ئايەت) ﴿عِضِينَ﴾ «قۇرئاننى بۆلەكلەرگە بۆلۈۋەتتى» دېگەننىڭ يەنە بىر مەنىسى قۇرئاننىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ ۋە بەزىسىنى ئىنكار قىلدى دېمەكتۇر.

فَوَرَبِّكَ لَنَسْـَٔلَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٩٢﴾ عَمَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٩٣﴾ فَٱصْدَعْ بِمَا
تُؤْمَرُ وَأَعْرِضْ عَنِ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٩٤﴾ إِنَّا كَفَيْنَٰكَ ٱلْمُسْتَهْزِءِينَ ﴿٩٥﴾
ٱلَّذِينَ يَجْعَلُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ ۚ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٩٦﴾ وَلَقَدْ
نَعْلَمُ أَنَّكَ يَضِيقُ صَدْرُكَ بِمَا يَقُولُونَ ﴿٩٧﴾ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ
وَكُن مِّنَ ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٩٨﴾ وَٱعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّىٰ يَأْتِيَكَ ٱلْيَقِينُ ﴿٩٩﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلمىشلىرى توغرىسىدا سوراققا تارتىمىز [92 ـ 93]. ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى ھەق دەۋەتنى) ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن①، مۇشرىكلارغا پەرۋا قىلمىغىن [94]. سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز [95]. ئۇلار باشقا مەبۇدلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىپ قالىدۇ [96]. بىز ئۇلارنىڭ***

***سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىمىز [97]. رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن، ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن [98]. ساڭا ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر رەببىڭگە ئىبادەت قىلغىن② [99].***

① ﴿فَاصْدَعْ﴾نىڭ مەنىسى ئوچۇق-ئاشكارا دەۋەت قىلغىن دېمەكتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت چۈشكىچە مەخپىي شەكىلدە دەۋەت ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتتى. (فەتھۇلقەدىر)

② مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەر، مەجنۇن، كاھىن دەيتتى، ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۆزدىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولاتتى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى، يەنى ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھ تائالاغا زىكىر قىلىش، ھەمدۇسانا ئېيتىش، تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغىن. ئۇنىڭدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلىسەن، كۆڭلۈڭ تەسكىن تاپىدۇ، ساڭا ئاللاھتىن مەدەت كېلىدۇ. بۇ يەردىكى سەجدە قىلغۇچىلار دېگەندىن ناماز ئوقۇغۇچىلار، ﴿الْيَقِينُ﴾ دېگەندىن ئۆلۈم مەقسەت قىلىنغان.

# سۈرە نەھل

| (١٦) سورة النحل مكية ١٢٨ آية | (16) سۈرە نەھل مەككىدە چۈشكەن 128 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

أَتَىٰٓ أَمْرُ ٱللَّهِ فَلَا تَسْتَعْجِلُوهُۚ سُبْحَـٰنَهُۥ وَتَعَـٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ١
يُنَزِّلُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةَ بِٱلرُّوحِ مِنْ أَمْرِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦٓ أَنْ
أَنذِرُوٓاْ أَنَّهُۥ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱتَّقُونِ ٢ خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ
بِٱلْحَقِّۚ تَعَـٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ٣

***ئاللاھنىڭ ئەمرى (بولغان قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار①، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر [1]. ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە② پەرىشتىلەرنى: «(ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، شۇڭا مەندىنلا قورقۇڭلار» دېگەن ۋەھيي③ بىلەن چۈشۈرىدۇ [2]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى④، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر [3].***

① بۇ ئايەتتىكى ﴿اَمۡـرُاللّٰهِ﴾ «ئاللاھنىڭ ئەمرى» دېگەندىن قىيامەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى سىلەر يىراق دەپ ئويلىغان قىيامەت يېقىن كېلىپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار! ياكى ئۇنىڭدىن مۇشرىكلار تەلەپ قىلغان ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ چاغدا مەنىسى «ئاللاھنىڭ ئازابى يېقىن كېلىپ قالدى» دېگەن بولىدۇ. بۇ ئايەتتە، كەلگۈسىدە بولىدىغان قىيامەت ئۇچۇن كېلىدىغان زامان ئىشلىتىلمەي ئۆتكەن زامان پېئىلى ئىشلىتىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ بولۇشى شەكسىزدۇر.

② «خالىغان بەندىلىرىگە» دېگەندىن پەيغەمبەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيي نازىل بولىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭغا لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾. (سۈرە ئەنئام 124 ـ ئايەت)، ﴿ئۇ ھەممە خالايىق ئۇچرىشىدىغان (قىيامەت) كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ھۆكمى بويىچە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ۋەھيي نازىل قىلىدۇ﴾.[(سۈرە مۇئمىن 15 ـ ئايەت)

③ ﴿الـرُّوۡحِ﴾ دېگەندىن ۋەھيي مەقسەت قىلىنغان. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا بىر ئايىتىدە مۇنداق كەلگەن: ﴿وَكَذٰلِكَ اَوۡحَيۡنَا اِلَيۡكَ رُوۡحًا مِّنۡ اَمۡرِنَا مَا كُنۡتَ تَدۡرِىۡ مَا الۡكِتٰبُ وَلَا الۡاِيۡمَانُ﴾ مەنىسى ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغىنىمىزدەك) ساڭىمۇ ئەمرىمىز بويىچە قۇرئاننى ۋەھيي قىلدۇق، سەن (بۇنىڭدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ﴾. (سۈرە شۇرا 52ـ ئايەت)

④ يەنى بىھۇدە ياكى ئويناپ يارىتىپ قويغان ئەمەس، بەلكى بۈيۈك بىر مەقسەت ئۈچۈن ياراتقان، ئۇ بولسىمۇ ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش ۋە يامانلارنى جازالاشتۇر.

خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِن نُّطۡفَةٖ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٞ مُّبِينٞ ﴿٤﴾ وَٱلۡأَنۡعَٰمَ خَلَقَهَاۖ لَكُمۡ فِيهَا دِفۡءٞ وَمَنَٰفِعُ وَمِنۡهَا تَأۡكُلُونَ ﴿٥﴾ وَلَكُمۡ فِيهَا جَمَالٌ حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسۡرَحُونَ ﴿٦﴾ وَتَحۡمِلُ أَثۡقَالَكُمۡ إِلَىٰ بَلَدٖ لَّمۡ تَكُونُواْ بَٰلِغِيهِ إِلَّا بِشِقِّ ٱلۡأَنفُسِۚ إِنَّ رَبَّكُمۡ لَرَءُوفٞ

رَّحِيمٌ ۝٧ وَٱلۡخَيۡلَ وَٱلۡبِغَالَ وَٱلۡحَمِيرَ لِتَرۡكَبُوهَا وَزِينَةٗۚ

***ئۇ ئىنساننى ئابمەنىيدىن ياراتتى، ئەمدىلىكتە ئۇ بىردىنلا (ئاللاھقا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولدى① [4]. ئاللاھ چارۋا ماللارنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى②، ئۇلاردا (يۇڭى ۋە تېرىسىگە ئوخشاش) سىلەر ئىسسىنىدىغان نەرسىلەر ۋە (نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغىغا ئوخشاش) نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. ئۇلار ) نىڭ گۆشلىرى) دىن يەيسىلەر [5]. (بۇ چارۋا ماللارنى) كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقىتلاردا، ئۇلار سىلەرگە گۈزەل مەنزىرە ئاتا قىلىدۇ③ [6]. ئۇلار يۈك - تاقلىرىڭلارنى سىلەر جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، شەكسىزكى، رەببىڭلار سىلەرگە ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر ۋە تولىمۇ مېھرىباندۇر [7]. ئاللاھ ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى④،***

① يەنى ئاللاھ تائالا ئىنساننى بىر جانلىقنىڭ ئىچىدىن چىققىدىغان جانسىز نەرسىدىن يەنى ئابمەنىيدىن ياراتتى، ئۇنى ھەر خىل باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزۈپ چىرايلىق مۆكەممەل بىر شەكىلگە كىرگۈزدى. ئاندىن ئۇنىڭغا روھىدىن پۈۋلىدى، ئاندىن ئۇنى ئانىنىڭ قورسىقىدىن چىقىرىپ، دۇنياغا كۆز ئاچقۇزدى. ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا ياشاش پۇرسىتى بەردى. بىراق ئۇ چوڭ بولۇپ، بىر نەرسىنى ھېس قىلالايدىغان تۈيغۇغا ئىگە بولغاندا، ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا خۇسۇمەتچى بولدى، ئۇنى ئىنكار قىلدى ياكى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈردى.

② ئاللاھ تائالا مەزكۇر نېمەتلەر بىلەن بىرگە يەنە باشقا نېمەتلەرنىمۇ تىلغا ئالدى. تۆگە، كالا، ئۆچكە ۋە قوي قاتارلىق چارۋا - ماللارنى بەندىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ياراتتى. ئۇلارنىڭ يۇڭلىرى، تىۋىت ۋە چۇپۇرلىرىدىن سوغۇقتىن ساقلىنىدىغان كىيىملەرنى تىكىپ كىيىسىلەر . ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردىمۇ پايدىلىنىسىلەر، مەسىلەن: چارۋا - ماللارنىڭ سۈتلىرىنى ئىچىسىلەر، ئۇستىگە يۈك ئارتىسىلەر، ئۇلارنى يەر ھەيدەشكە سالىسىلەر، ئۇلار بىلەن ئېتىزلارنى سۇغۇرىسىلەر. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پايدا- مەنپەئەتلىرى بار.

③ ﴿تُرِيحُونَ﴾ ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەندە، ﴿تَسْرَحُونَ﴾ ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققاندا، بۇ ئىككى ۋاقىتتا، سىلەر ئۇلارغا قاراپ زوقلىنىسىلەر، خۇشاللىقىڭلار ئېخىمۇ ئاشىدۇ. بۇ ئىككى ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا ئۇلار كۆزدىن يىراق تۇرىدۇ، ياكى ئېغىللىرىدا سولاقلىق تۇرىدۇ.

④ يەنى ئۇلارنى يارىتىشتىن مەقسەت ۋە يەتكۈزۈلىدىغان مەنپەئەت ئەسلىدە ئۇلارغا مىنىشتۇر، يەنە ئۇلار كىشىلەرگە زىننەت، راھەت ۋە سالاپەت بېغىشلايدۇ. بۇ ئايەتتە ئات، خېچىر ۋە ئېشەكلەرنىڭ ئايرىم زىكىر قىلىنغىنىغا قاراپ، بەزى فۇقەھالار ئۇنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈپ، ئېشەك ۋە خېچىر ھارام بولغاندەك ئاتمۇ ھارام دەپ قارىغان، ئۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلغاندا، يېيىشكە بولىدىغان چارۋا-ماللار ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىپ بولدى، بۇ ئايەتتە پەقەت مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ ھايۋان تىلغا ئېلىندى، دەپ دەلىل كەلتۈرگەن. بۇ دەلىل توغرا ئەمەس، چۈنكى ئات گۆشىنىڭ ھالاللىقى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان. «جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى. ئاتنىڭ گۆشىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلدى». (سەھىھۇل بۇخارى 5520-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم1941-ھەدىس)

«جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز خەيبەر كۈنىدە ئات، خېچىر ۋە ئېشەكلەرنى بوغۇزلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېچىر بىلەن ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى. لېكىن، ئاتنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توسمىدى. (سەھىھ مۇسلىم 1941-ھەدىس، مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد 3-توم، 356-بەت، سۇنەن ئەبى داۋۇد 3789-ھەدىس) بۇ ھەدىسلەرگە ئاساسەن كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار، ئۈچ ئىمام، سەلەف (ئىلگىرىكى) ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى ئات گۆشىنى ھالال دەپ قارايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئۇنىڭدىن باشقا ھەنەفىي فىقھى كىتابلىرىدىمۇ ئات گۆشىنىڭ ھالاللىقىغا ئوچۇق دەلىللەر بار. ئات كۆپىنچە مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە مىنىدىغان ئۇلاغلارنىڭ قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان. ئات پۈتۈن دۇنيادا قەدىرلىك ۋە قىممەت بولغاچقا، يېيىش ئۈچۈن ناھايىتى ئاز ئىستېمال قىلىنىدۇ. قوي ۋە ئۆچكىلەردەك يېيىش ئۈچۈن كۆپ بوغۇزلانمايدۇ.

وَيَخۡلُقُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٨﴾ وَعَلَى ٱللَّهِ قَصۡدُ ٱلسَّبِيلِ وَمِنۡهَا جَآئِرٞۚ
وَلَوۡ شَآءَ لَهَدَىٰكُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٩﴾ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗۖ
لَّكُم مِّنۡهُ شَرَابٞ وَمِنۡهُ شَجَرٞ فِيهِ تُسِيمُونَ ﴿١٠﴾

***ئۇ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ① [8]. توغرا يول كۆرسىتىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان②. بەزى يوللار ئەگرى بولىدۇ، مۇبادا ئاللاھ خالىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا سالغان بولاتتى③ [9]. ئاللاھ سىلەرگە ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئۈسكەن دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر [10].***

① زېمىننىڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرىدە، شۇنىڭدەك دېڭىزدا، سۇسىز، گىياھسىز چۆللەردە، سەھرالاردا ۋە جاڭگاللاردا ئاللاھ تائالا ھەر خىل مەخلۇقاتنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئاللاھ يارىتىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە ئىنسانلار ياسىغان ۋە ياساۋاتقان نەرسىلەرمۇ كىرىدۇ. ئىنسانلار ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقىل ۋە ئىقتىدارنى ئىشلىتىپ، ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەرنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ياسايدۇ. مەسىلەن: ئاپتوموبىل، ئاپتۇۋۇز، پويىز، پاراخوت، ئايروپىلان قاتارلىقلارغا ئوخشاش قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە ياسىلىۋاتقان ساناقسىز ئۈسكۈنىلەر ۋە كەلگۈسىدە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان تەرەققىياتلار ۋەھاكازا.

②﴿توغرا يول كۆرسىتىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان﴾[دېگەن ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى توغرا يولنى بايان قىلىپ بېرىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان دېمەكتۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ توغرا يولنى كۆرسەتتى، ھىدايەت بىلەن زالالەت ھەر ئىككىسىنى ئوچۇق بايان قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىدە دېدىكى: ﴿بەزى يوللار ئەگرى بولىدۇ﴾ يەنى گۇمراھلىق يوللىرى شۇنداق ئەگرى بولىدۇ.

③ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئىنسان مەجبۇرلانغان بولاتتى، ئۇنى سىناش بولمايتتى، شۇڭا ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھەممە ئىنسانلارنى

مەجبۇر قىلمىدى، بەلكى ھەر ئىككى يولنى بايان قىلىپ، ئىنسانغا تاللاش ئىختىيارىنى بەردى.

يُنۢبِتُ لَكُم بِهِ ٱلزَّرۡعَ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلنَّخِيلَ وَٱلۡأَعۡنَٰبَ وَمِن كُلِّ
ٱلثَّمَرَٰتِۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١١﴾ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ
وَٱلنَّهَارَ وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ وَٱلنُّجُومُ مُسَخَّرَٰتُۢ بِأَمۡرِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ
لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿١٢﴾ وَمَا ذَرَأَ لَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُخۡتَلِفًا أَلۡوَٰنُهُۥٓۚ
إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٣﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي سَخَّرَ ٱلۡبَحۡرَ
لِتَأۡكُلُواْ مِنۡهُ لَحۡمٗا طَرِيّٗا وَتَسۡتَخۡرِجُواْ مِنۡهُ حِلۡيَةٗ تَلۡبَسُونَهَاۖ
وَتَرَى ٱلۡفُلۡكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦ وَلَعَلَّكُمۡ
تَشۡكُرُونَ ﴿١٤﴾

***ئاللاھ سىلەرگە شۇ سۇ بىلەن زىرائەتلەرنى، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ①، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) چوڭ بىر ئالامەت بار [11]. ئاللاھ كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى سىلەر )نىڭ مەنپەئەتىڭلار) ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر. شەكسىزكى، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن ئالامەتلەر بار② [12]. ئاللاھ يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى). ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) چوڭ بىر ئالامەت بار③ [13]. ئاللاھ سىلەرنى دېڭىز (ھايۋانلىرى) نىڭ يېڭى گۆشلىرىنى يېسۇن، (ئۈنچە - مارجان قاتارلىق) تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. سەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. (بۇلارنىڭ ھەممىسى) ئاللاھنىڭ***

*پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر④ [14].*

① بۇ ئايەتتە ھەربىر ئادەم كۆرگەن ۋە تەجرىبە قىلىپ باققان يامغۇرنىڭ مەنپەئەتلىرى بايان قىلىندى. شۇڭا مەزكۇر پايدا- مەنپەئەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز.

② كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشىدا، كۈن بىلەن ئاينىڭ ئۆز مەنزىللىرىگە قاراپ، توختىماي ئايلىنىپ تۇرۇشىدا، ئايلىنىش جەريانىدا بالدۇر كېلىپ ياكى كېچىكىپ قالماسلىقىدا، قاراڭغۇ كېچىلەردە تەمتىرەپ يۈرگەن يولۇچىلارنىڭ يول تېپىپ مېڭىشى ئۈچۈن، ئاسمانلارنىڭ ئەتراپىدا يۇلتۇزلارنىڭ نۇر چېچىپ تۇرۇشىدا، يۇلتۇزلارنىڭ ئاسمانلارغا زىننەت بولۇپ تۇرۇشىدا ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈك سەلتەنىتى ۋە كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىل ۋە ئالامەتلەر بار.

③ يەنى ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە بەندىلەر ئۈچۈن نېمەت قىلىپ بەرگەن ھايۋانلار، مەدەنلەر، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز نەرسىلەر ۋە ئۇ نەرسىلەردىن ئېلىنىدىغان ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەتلەردىمۇ ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن بەلگە-ئالامەتلەر بار.

④ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە دولقۇنلۇق دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۈچ تۈرلۈك پايدىسىنىمۇ بايان قىلدى: بىرىنچى، سىلەر دېڭىزدىكى بېلىق قاتارلىق جانلىقلارنىڭ يېڭى گۆشلىرىنى يەيسىلەر. (دېڭىزدىكى جانلىقلارنىڭ مەيلى تىرىكى ياكى ئۆلۈكى بولسۇن ھالالدۇر، ئېھراملىق ھالەتتىمۇ، بېلىق تۇتۇش جايىزدۇر). ئىككىنچى، سىلەر دېڭىزنىڭ ئاستىدىن مەرۋايىت، مارجان ۋە قىممەت باھالىق جەۋھەرلەرنى سۈزۈپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىن زىبۇزىننەت ياسايسىلەر. ئۈچىنچى، سىلەر دېڭىزدا كېمە ۋە پاراخوتلارنى ھەيدەپ، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە بارىسىلەر، تىجارەت قىلىپ، مال توشۇپ ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن كۆپ پايدىغا ئېرىشىسىلەر. بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن سىلەر ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىڭلار لازىم.

وَأَلْقَىٰ فِي ٱلْأَرْضِ رَوَٰسِيَ أَن تَمِيدَ بِكُمْ وَأَنْهَٰرًا وَسُبُلًا لَّعَلَّكُمْ

تَهۡتَدُونَ ﴿١٥﴾ وَعَلَٰمَٰتٖۚ وَبِٱلنَّجۡمِ هُمۡ يَهۡتَدُونَ ﴿١٦﴾ أَفَمَن يَخۡلُقُ
كَمَن لَّا يَخۡلُقُۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿١٧﴾ وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآۗ
إِنَّ ٱللَّهَ لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٨﴾ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تُسِرُّونَ وَمَا تُعۡلِنُونَ ﴿١٩﴾

*زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن① ، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇستەھكەم تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردى، (سۇ ئېھتىياجىڭلار ئۈچۈن) ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى، ئېزىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن يوللارنى بەرپا قىلدى② [15]. ۋە يەنە (يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى. ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ [16]. (پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان ئاللاھ بىلەن ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ (بۇنى) ئويلاپ باقماسىلەر③ [17]. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ (ئاتا قىلغان) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [18]. ئاللاھ سىلەرنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ④ [19].*

① بۇ ئايەتتە تاغلارنىڭ پايدىسى بايان قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ تاغلارمۇ ئاللاھنىڭ كاتتا نېمەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، چۈنكى ئەگەر زېمىن تەۋرەپ، سىلكىنىپ تۇرسا، ئۇنىڭدا ياشاش مۇمكىن بولمايدۇ، بۇنى بىر نەچچە سېكۇنت تەۋرىگەن يەرنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنىدىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ، يەر قاتتىق تەۋرەپ قالسا، ھەر قانچە ئېگىز ۋە پۇختا بىنالارنىمۇ كۆمپەيكۇم قىلىۋېتىدۇ، شەھەرلەرنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

② يەنى ئاللاھ تائالا زېمىندا ياراتقان چاتما دەريالار ۋە ئۇلارنىڭ يەر يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ ئاجايىپ بىر مۆجىزىدۇر. ئۇ دەريالار بىر ئىقلىمدىن ئېقىپ چىقىپ يەنە بىر ئىقلىمغا، ئوڭ ـ سول، جەنۇب ـ شىمال، شەرق ـ غەرب تەرەپلەرگە ئېقىپ بېرىپ، ئېقىپ ئۆتكەن جايلاردىكى كىشىلەرگە مەنپەئەت بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە سىلەر ئۈچۈن يوللارنى ياراتتى، سىلەر ئۇ يوللار بىلەن يۈرۈپ كۆزلىگەن مەنزىلىڭلارغا يېتىپ بارىسىلەر.

③ ئاللاھ تائالا بۇ يەردە بارلىق نېمەتلەر ئىچىدىن تەۋھىد نېمىتىنى ھەممىدە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تىلغا ئالدى. ئاللاھ يۇقىرىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئەمما سىلەر ئۇنى قويۇپ، چوقۇنۇۋاتقان نەرسەڭلار بىرەر نەرسە يارىتىپ باقتىمۇ؟ ياق، بەلكى ئۇ نەرسىلەر ئۆزى يارىتىلغان مەخلۇقتۇر. ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچى قانداقمۇ باراۋەر بولسۇن؟ سىلەر بولساڭلار، ئۇ نەرسىلەرنى مەبۇد قىلىۋېلىپ، ئاللاھ بىلەن باراۋەر ئورۇندا كۆرۈۋاتىسىلەر؟ ئازراقمۇ ئويلىمامسىلەر؟

④ شۇ بىلگىنى بويىچە قىيامەت كۈنى جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ، ياخشىغا ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ؛ يامانغا يامانلىقىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَخۡلُقُونَ شَيۡـًٔا وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ ٢٠
أَمۡوَٰتٌ غَيۡرُ أَحۡيَآءٖۖ وَمَا يَشۡعُرُونَ أَيَّانَ يُبۡعَثُونَ ٢١ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ
وَٰحِدٞۚ فَٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ قُلُوبُهُم مُّنكِرَةٞ وَهُم
مُّسۡتَكۡبِرُونَ ٢٢ لَا جَرَمَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَۚ
إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡتَكۡبِرِينَ ٢٣

***ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرى ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدۇ، بەلكى ئۇلار يارىتىلغان نەرسىلەردۇر① [20]. ئۇ نەرسىلەر تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر②، ئۇ نەرسىلەر ئۆزلىرىنىڭ (ياكى چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ③ [21]. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار (ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتقۇچى (يەنى چوڭچىلىق قىلغۇچى) لاردۇر④ [22]. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ مۇتەكەببىرلىك قىلغۇچىلارنى ئەسلا ياخشى كۆرمەيدۇ⑤ [23].***

① بۇ ئايەتتە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم

بىر نۇقتا بايان قىلىندى، يەنى «يارىتىش» تىن ئىبارەت كامالەت سۈپىتى ئۇلاردىن مەنپىي قىلىنىش بىلەن بىرگە كەمتۈكلۈك سۈپىتى بولغان «يارىتالماسلىق» ئىسپاتلاندى. (فەتھۇلقەدىر)

② «ئۆلۈك» دېگەندىن جانسىز (تاشقا ئوخشاش) ھېس-تۇيغۇسى يوق شەيئىلەر يەنە ئۆلۈپ كەتكەن سالىھ كىشىلەرمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى ئايەتتىكى «تىرىلدۈرۈلۈش» دېگەن سۆز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈ-لىدىغان سالىھ كىشىلەرگە تازا ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ ئائىلىيالمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان، جانسىز نەرسىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پەقەت «ئۆلۈكتۇر» دېمىدى، بەلكى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىش ئۈچۈن «ئۇلار تىرىك ئەمەس» دېگەننى قوشۇپ كەلتۈردى. مانا بۇ ئايەت مازارغا چوقۇنغۇچىلارغىمۇ ئوچۇق رەددىيە بولالايدۇ. ئۇلار: قەبرىدىكىلەر ئۆلۈك ئەمەس، تىرىكتۇر، بىز ئۆلۈكلەرگە ئەمەس، تىرىكلەرگە دۇئا قىلىۋاتىمىز، دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كۆرسەتمىسىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۆلگەنلەرنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بولىدۇ، ئۇلاردىن ھېچكىمگە دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش نېسىپ بولمايدۇ.

③ ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇلاردىن قانداقمۇ مەنپەئەت، ساۋاب ۋە مۇكاپات ئۈمىد قىلغىلى بولىدۇ؟!

④ يەنى ئىلاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش مۇشرىكلار ۋە ئىنكارچىلار ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ناھايىتى مۇشكۈل بىر ئىشتۇر، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش﴾. (سۈرە ساد 5-ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يالغۇز ئاللاھ تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ﴾. (سۈرە زۇمەر 45-ئايەت)

⑤ ﴿مُّسْتَكْبِرُونَ﴾ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، توغرىنى ۋە ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلار، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈپ، كەمسىتكۈچىلەر، ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتقۇچىلار دېگەن مەنىدە. كىبىرنىڭ بۇ ئۇقۇمى ھەدىستىمۇ بايان قىلىنغان، بۇ خىل كىبىر ۋە تەكەببۇرلۇقنى ئاللاھ قاتتىق يامان كۆرىدۇ، ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «قەلبىدە زەررە

مىقدارى كىبىر بولغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم 147-ھەدىس)

وَإِذَا قِيلَ لَهُم مَّاذَآ أَنزَلَ رَبُّكُمۡ قَالُوٓاْ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٢٤﴾ لِيَحۡمِلُوٓاْ أَوۡزَارَهُمۡ كَامِلَةٗ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَمِنۡ أَوۡزَارِ ٱلَّذِينَ يُضِلُّونَهُم بِغَيۡرِ عِلۡمٍۗ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ ﴿٢٥﴾ قَدۡ مَكَرَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَأَتَى ٱللَّهُ بُنۡيَٰنَهُم مِّنَ ٱلۡقَوَاعِدِ فَخَرَّ عَلَيۡهِمُ ٱلسَّقۡفُ مِن فَوۡقِهِمۡ وَأَتَىٰهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٢٦﴾

***ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «رەببىڭلار (پەيغەمبىرىڭگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار (مەسخىرە قىلىپ): «قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى (نازىل قىلدى)» دېيىشىدۇ① [24]. ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق كۆتۈرۈشى ۋە بىلمەستىن ئۆزلىرى ئازدۇرغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىنىمۇ كۆتۈرۈشى ئۈچۈن (شۇنداق دەيدۇ). ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈۋالغان (گۇناھ) لىرى نېمىدېگەن يامان!② [25]. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ (ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە) ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن ئىدى (يەنى ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولغان ئىدى). (ئاخىرى) ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ھىيلە - مىكىر) بىنالىرىنى ئۇللىرىدىن يىقىتىپ تاشلىدى، (نەتىجىدە) تورۇسلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈلۈپ چۈشتى③. بۇ ئازاب ئۇلارغا، ئۇلار ئويلىمايدىغان يەردىن كەلدى [26].***

① يەنى مۇشرىكلار ۋە ئىنكارچىلار ھەقتىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن جاۋاب بېرىپ: ئاللاھ تائالا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرمىدى، مۇھەممەد بىزگە ئوقۇپ بېرىۋاتقان نەرسىلەر نامەلۇم يەرلەردىن ئاڭلىۋالغان ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدىن ئىبارەت، دەيدۇ.

② يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا قوشۇپ باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنىمۇ كۆتۈرۈشى ئۈچۈن شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ، شۇڭا ئاللاھ

تائالا بۇ گەپلەرنى ئۇلارغا ئۆز ئىبغىزلىرى بىلەن سۆزلەتتى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقىلارنى ھىدايەتكە چاقىرسا، ئۇ ئادەمگە شۇ ھىدايەتكە ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ؛ كىمكى گۇمراھلىققا چاقىرسا، شۇ گۇمراھلىققا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرنىڭ گۇناھى چاقىرغۇچى ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.» (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4609 ـ ھەدىس)

③ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەنلەر نەمرۇد ياكى بۇختۇننەسىرنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئېگىز ئاسمانغا چىقىش ئۈچۈن ئېگىز بىنا ياساپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن، نەتىجىدە غەرەزلىرى ئىشقا ئاشماي بىنالىرى گۇمران بولغان، دەيدۇ. باشقا مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ بىر مىسال بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھ تائالا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئەمەللىرى خۇددى ئۇلى تەۋرەپ، تورۇسى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان ئۆيدەك بەربات بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. ئەمما ئەڭ توغرىسى شۇكى، بۇ ئايەت ئومۇمىي بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغان قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى، ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ، تۇرۇۋاتقان ئۆيلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ھالاك بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. مەسىلەن: ئاد قەۋمى، لۇت قەۋمى ۋە باشقىلار ھالاك بولغاندەك. مىسالى، ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى﴾.) سۈرە ھەشر 2 ـ ئايەت)

ثُمَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يُخۡزِيهِمۡ وَيَقُولُ أَيۡنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمۡ
تُشَٰٓقُّونَ فِيهِمۡۚ قَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ إِنَّ ٱلۡخِزۡيَ ٱلۡيَوۡمَ وَٱلسُّوٓءَ
عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ٢٧ ٱلَّذِينَ تَتَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِيٓ أَنفُسِهِمۡۖ فَأَلۡقَوُاْ
ٱلسَّلَمَ مَا كُنَّا نَعۡمَلُ مِن سُوٓءِۭۚ بَلَىٰٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِمَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ٢٨ فَٱدۡخُلُوٓاْ أَبۡوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ فَلَبِئۡسَ مَثۡوَى
ٱلۡمُتَكَبِّرِينَ ٢٩

***ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى قىيامەت كۈنى رەسۋا قىلىدۇ ۋە (ئۇلارغا كايىپ): «مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟ سىلەر ئۇلار توغرىسىدا (پەيغەمبىرىڭلار بىلەن) مۇنازىرىلىشەتتىڭلارغۇ؟» دەيدۇ①. ئىلىم بېرىلگەنلەر بولسا: «بۈگۈن رەسۋالىق ۋە ئازاب ئەلۋەتتە كاپىرلارغا تېگىشلىكتۇر» دەيدۇ② [27]. ئۇلار (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزلىرىگە زىيان قىلىۋاتقان پەيتتە پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. ئۇلار: «بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان ئىدۇق» دېيىشىپ، بويسۇنغانلىقنى بىلدۈرىدۇ③. ئۇنداق ئەمەس، شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر④ [28]. سىلەر مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار⑤، مۇتەكەببىرلەرنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان! [29].***

① يەنى بۇ بولسا ئۇلارغا دۇنيادا كەلگەن ئازاب ئىدى، قىيامەت كۈنى بولسا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق خار ۋە رەسۋا قىلىدۇكى، ئۇلارغا كايىپ: سىلەرنىڭ ھېلىقى ماڭا تەڭداش قىلىۋالغان شېرىكلىرىڭلار قەيەردە؟ سىلەر شۇلار توغرىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن دەتالاش قىلاتتىڭلارغۇ؟ دەپ سورايدۇ.

② يەنى دىندا ئالىم بولغان ۋە دىننىڭ ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلغانلار شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ.

③ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى مۇشرىكلارنىڭ ئۆلۈشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىۋاتىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالغىلى كەلگەندە، ئۇلار تەسلىمچى ۋە ئىتائەتمەن بولىدۇ يەنى بويسۇنغانلىقنى ۋە ئاجىزلىقنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە دەيدۇكى: ﴿بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان ئىدۇق﴾. شۇنىڭدەك ئۇلار قىيامەت كۈنىدىمۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا يالغان قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾. (سۈرە ئەنئام23 ـ ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدىغان كۈندە، ئۇلار سىلەرگە (دۇنيادىكى چاغلىرىدا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) قەسەم ئىچكەندەك ئاللاھقىمۇ قەسەم ئىچىدۇ﴾. (سۈرە مۇجادەلە 18ـئايەت)

④ پەرىشتىلەر جاۋاب بېرىپ دەيدۇ: ئۇنداق ئەمەس، يەنى سىلەر يالغان سۆزلەۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭلار گۇناھ ئىشلار بىلەن ئۆتتى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بارلىق قىلمىشىڭلار خاتىرىلىنىپ ساقلانغان تۇرسا، ئەمدى تېنىۋالغىنىڭلارنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟

⑤ ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆلگەن ھامان روھلىرى جەھەننەمگە كىرىپ كېتىدۇ، تەنلىرى قەبرىلىرىدە قالىدۇ، قەبرىدە روھ تەندىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەلۇم مىقداردا مۇناسىۋەت قالدۇرۇلۇپ، ئازاب قىلىنىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى بولغاندا روھلىرى تەنلىرىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك دوزاخقا كىرگۈزۈلىدۇ.] ﴿ئۇلار ئەتىگىنى-ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ)﴾. (سۈرە غافىر 46-ئايەت)

۞ وَقِيلَ لِلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ مَاذَآ أَنزَلَ رَبُّكُمۡۚ قَالُواْ خَيۡرٗاۗ لِّلَّذِينَ
أَحۡسَنُواْ فِي هَٰذِهِ ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٞۚ وَلَدَارُ ٱلۡأٓخِرَةِ خَيۡرٞۚ وَلَنِعۡمَ دَارُ
ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٣٠﴾ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ يَدۡخُلُونَهَا تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ
لَهُمۡ فِيهَا مَا يَشَآءُونَۚ كَذَٰلِكَ يَجۡزِي ٱللَّهُ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٣١﴾ ٱلَّذِينَ
تَتَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ طَيِّبِينَ يَقُولُونَ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمُ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ
بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٣٢﴾ هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأۡتِيَهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَوۡ
يَأۡتِيَ أَمۡرُ رَبِّكَۚ

*تەقۋادارلارغا: «رەببىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ياخشى سۆزلەرنى (نازىل قىلدى)» دېيىشىدۇ. بۇ دۇنيادا ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا (دۇنيادا نۇسرەت ۋە كەڭ رىزىق دېگەندەك) مۇكاپات بار، ئاخىرەت يۇرتى بولسا ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى (بولغان جەننەت) نېمىدېگەن گۈزەل! [30]. ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ*

***تۇرىدىغان ۋە دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇلارغا ئۇ يەردە كۆڭلى خالىغان نەرسىلەر بار، ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ [31]. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (كۇفرىدىن) پاك ھالىتىدە ۋاپات قىلدۇرۇپ، (ئۇلارغا): «سالام سىلەرگە!① قىلغان ئەمەللىرىڭلار يۈزىسىدىن جەننەتكە كىرىڭلار»② دەيدۇ [32]. كاپىرلار پەقەت (جان ئالغۇچى) پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ ئەمرىنىڭ (يەنى ئازابىنىڭ) كېلىشىنىلا كۈتىدۇ③،***

① بۇ ئايەتلەردە زالىم مۇشرىكلارنىڭ دەل ئەكسىچە مۆئمىنلەر ۋە تەقۋادارلارنىڭ سۈپىتى ھەمدە ئۇلار ئېرىشىدىغان بەخت-سائادەت بايان قىلىندى.

② سۈرە ئەئرافنىڭ 43-ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى بولمىسا، قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرىڭلار سىلەرنى ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ، دەپ كەلگەن ئىدى. ئەمما بۇ ئايەتتە ﴿قىلغان ئەمەللىرىڭلار يۈزىسىدىن جەننەتكە كىرىڭلار﴾ دەپ كەلدى، بۇنىڭدا ھېچقانداق زىتلىق يوق، چۈنكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەر كېرەك، يەنى ياخشى ئەمەل ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئەمەلنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ئۆز ئورنىدا ئېتىراپ قىلىنىدۇ، چەتكە قېقىلمايدۇ، ئۇنىڭسىز ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئۇقۇمىمۇ ئۆز جايىدا توغرا ۋە ئەمەلنىڭ زۆرۈرلىكىمۇ ئۆز جايىدا بەرقاراردۇر. شۇڭا يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شەكلىڭلارغا ۋە مال-مۈلۈكۈڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم، 2564-ھەدىس)

③ يەنى ئۇلارمۇ جانلىرىنى ئالىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىۋاتامدۇ ياكى رەببىڭنىڭ ئەمرىنىڭ (يەنى ئازابىنىڭ ياكى قىيامەتنىڭ) كېلىشىنى كۈتىۋاتامدۇ؟

كَذَٰلِكَ فَعَلَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ وَمَا ظَلَمَهُمُ ٱللَّهُ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ

أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿٣٣﴾ فَأَصَابَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا عَمِلُواْ وَحَاقَ بِهِم مَّا
كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٣٤﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ لَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا
عَبَدۡنَا مِن دُونِهِۦ مِن شَيۡءٖ نَّحۡنُ وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمۡنَا مِن
دُونِهِۦ مِن شَيۡءٖۚ كَذَٰلِكَ فَعَلَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ فَهَلۡ عَلَى ٱلرُّسُلِ
إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿٣٥﴾

***ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى① . ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى② ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغان ئىدى③ [33]. ئۇلار يامان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىۋالدى④ [34]. مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئاللاھنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە چوقۇنمىغان بولاتتۇق ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىسىز (ھارام قىلىنمىغان) ھېچ نەرسىنى ھارام دېمىگەن بولاتتۇق» دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى دىننى ئوچۇق - ئاشكارا يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەتتۇر⑤ (ھىدايەت قىلىش بولسا ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر) [35].***

① يەنى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ بۇلارغا ئوخشاش بويۇنتاۋلۇق ۋە ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە لايىق بولغان ئىدى.

② چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن ھېچبىر يول قالدۇرمىدى، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى دەلىل-ئىسپات تۇرغۇزدى.

③ يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.

④ يەنى قاچانكى پەيغەمبەر ئۇلارغا: ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرسا، ئۇلار مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن پەيغەمبەرگە: سەن بىرىپ رەببىڭگە دېگىن، بىزگە ئازاب ئەۋەتىپ ھالاك قىلسۇن، دەيتتى. ئەمدى ئۇلار مەسخىرە قىلغان

ئازاب ئۆزلىرىنى قورشىۋالغاندا بولسا، ئۇنىڭدىن قېچىشقا ھېچ چارە تاپالماي قالدى.

⑤ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇشرىكلاردىكى بىر خاتا چۈشەنچىگە تۈزىتىش ۋە ئىزاھات بېرىۋاتىدۇ، ئۇلار مۇنداق قارايتتى: بىز ئاللاھنى قويۇپ باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇۋاتىمىز ياكى ئۇنىڭ ئەمرى بولماستىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆزىمىزگە ھارام قىلىۋاتىمىز، ئەگەر بۇ قىلغانلىرىمىز خاتا بولغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى بىلەن نېمىشقا بىزنى ئۇ قىلمىشلاردىن توساپ قويمايدۇ؟ ئەگەر ئۇ خالىمىغان بولسا، بىز بۇ ئىشلارنى قىلالمىغان بولاتتۇق. ئاللاھنىڭ بىزنى توسمىغانلىقى ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ يەنى قىلىۋاتقانلىرىمىز ئۇنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىق بولغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ خاتا چۈشەنچىسىگە ئىزاھات بېرىپ دېدىكى: ﴿پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى دىنىنى ئوچۇق-ئاشكارا يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەتتۇر﴾. دېمەك سىلەرنىڭ ئاللاھ بىزنى توسمىدى دېگەن قارىشىڭلار خاتا. ئاللاھ تائالا سىلەرنى مەزكۇر شېرىك ئەمەللەردىن ناھايىتى قاتتىق توستى، چۈنكى، ئۇ ھەربىر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتابلارنى چۈشۈرۈپ تۇردى، ھەر پەيغەمبەر كەلگەندە ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز قەۋمىنى شېرىكتىن توسۇشقا تىرىشتى. بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ مۇشرىك بولۇشىنى ۋە شېرىك ئىشلارنى قىلىشىنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ، ئەگەر ئۇنى ياقتۇرىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى شېرىكتىن چەكلەشكە پەيغەمبەر ئەۋەتىدۇ؟ شۇنداق تۇرسىمۇ، سىلەر يەنە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ، شېرىكنىڭ يولىنى تاللىدىڭلار. ئاللاھ ئۆزىنىڭ تەكۋىنىي ئىرادىسى بويىچە سىلەرنى ئۇنىڭدىن مەجبۇرىي شەكىلدە توسمىغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ دانالىقى ۋە ھېكمىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىنسانلارغا تاللاش ئىختىيارى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى بېرىشمۇ ئەنە شۇ ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر، چۈنكى ئەركىنلىك بەرمەي تۇرۇپ، ئىنسانلارنى سىناش مۇمكىن بولمايتتى. پەيغەمبەرلىرىمىز سىلەرگە ئەمرىمىزنى يەتكۈزگەندە سىلەرگە: ئەركىنلىكىنى خاتا ئىشلەتمەڭلار، بەلكى ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئۇيغۇن ئىشلىتىڭلار، دەپ چۈشەندۈرۈپ تۇردى، پەيغەمبەرلىرىمىز قولىدىن كېلىدىغىنىنى قىلدى، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى شۇ قەدەر ئىدى. ئەمما سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ، ئەركىنلىكنى خاتا ئىشلەتتىڭلار، ئۇنىڭ جازاسى دائىمىي ئازابتۇر.

وَلَقَدۡ بَعَثۡنَا فِي كُلِّ أُمَّةٖ رَّسُولًا أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجۡتَنِبُواْ ٱلطَّٰغُوتَۖ
فَمِنۡهُم مَّنۡ هَدَى ٱللَّهُ وَمِنۡهُم مَّنۡ حَقَّتۡ عَلَيۡهِ ٱلضَّلَٰلَةُۚ فَسِيرُواْ
فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ٣٦ إِن تَحۡرِصۡ عَلَىٰ
هُدَىٰهُمۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي مَن يُضِلُّۖ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ٣٧
وَأَقۡسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡ لَا يَبۡعَثُ ٱللَّهُ مَن يَمُوتُۚ بَلَىٰ وَعۡدًا
عَلَيۡهِ حَقّٗا وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٣٨

***بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ساختا ئىلاھلاردىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق تۇرۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، ئازغۇنلۇققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار①. يەر يۈزىدە كېزىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار [36]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىسمەن بولساڭمۇ، ئاللاھ ئۆزى ئازغۇن قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارغا (ئاللاھتىن باشقا) ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ② [37]. ئۇلار: «ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەيدۇ» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى③، ياق (ئاللاھ ئۇلارنى تىرىلدۈرىدۇ)، ئاللاھ ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ④ [38].***

① مەزكۇر خاتا چۈشەنچىنى تۈزىتىش ۋە ئىزاھات بېرىش ئۈچۈن يەنە دېيىلدىكى، بىز ھەربىر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەر ئارقىلىق قەۋمگە: «بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن يىراق تۇرۇڭلار» دېگەن پەرماننى يەتكۈزدۇق. ئەمما گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلار بۇ پەرمانغا پەرۋا قىلمىدى.

② بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە خىتاب قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھىدايەت

تېپىشىنى تولىمۇ خالايسەن، لېكىن تاللاش ئىختىيارى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكىنى توغرا ئىشلەتمەستىن گۇمراھلىق يولىنى تاللىغانلارنى سەن ھىدايەت يولىغا كىرگۈزەلمەيسەن، ئۇنداق ئادەملەر قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرىدىغان مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ توختايدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارغا ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ.

③ چۈنكى ئۇلار تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تىرىلىشنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى، شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەققىدە سۆز قىلسا، تەستىقلىماستىن ئۇنى ئىنكار قىلاتتى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ تىرىلدۈرۈلمەيدىغانلىقىغا جەزم قىلىپ، قاتتىق قەسەم ئىچەتتى.

④ مانا مۇشۇ جاھالەت ۋە بىلىمسىزلىكى سەۋەبىدىن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىپ، كۇفرى دېڭىزىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكىدۇ.

لِيُبَيِّنَ لَهُمُ ٱلَّذِى يَخْتَلِفُونَ فِيهِ وَلِيَعْلَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَنَّهُمْ كَانُوا۟ كَٰذِبِينَ ﴿٣٩﴾ إِنَّمَا قَوْلُنَا لِشَىْءٍ إِذَآ أَرَدْنَٰهُ أَن نَّقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٤٠﴾ وَٱلَّذِينَ هَاجَرُوا۟ فِى ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ مَا ظُلِمُوا۟ لَنُبَوِّئَنَّهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً ۖ وَلَأَجْرُ ٱلْءَاخِرَةِ أَكْبَرُ ۚ لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ﴿٤١﴾

***ئاللاھ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتنى ئۇلارغا ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىش ۋە كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن (ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ)① [39]. بىز بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلساق، ئۇنىڭغا: «بول» دەيمىز ـ دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ② [40]. زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى③ دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز④، ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى تېخىمۇ چوڭدۇر. كاشكى، ئۇلار (يەنى ھىجرەتتىن قېلىپ قالغۇچىلار بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (ھەرگىز قېلىپ قالمايتتى)⑤ [41].***

① بۇ ئايەتتە قىيامەتنىڭ بولۇشىدىكى ھېكمەت ۋە سەۋەب بايان قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا كىشىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ بېرىدۇ، ھەقىقەت ئەھلى بولغان مۆئمىنلەر ۋە تەقۋادارلارنى مۇكاپاتلايدۇ، كاپىرلار ۋە پاسىقلارنى قىلمىشلىرىغا ئاساسەن جازالايدۇ. يەنە ئۇ كۈندە كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ: «ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەيدۇ» دەپ ئىچكەن قەسەملىرىدە يالغانچى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

② يەنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قىيامەتنىڭ بولۇشى ناھايىتى قىيىن ياكى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئاللاھ ئۈچۈن ھېچ قىيىن ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى بۇزۇش ئۈچۈن ئېنژېنىرلەر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئۈلاردىن باشقا ھەرقانداق ۋاستە ۋە ئۈسكۈنىلەرگىمۇ موھتاج ئەمەس، ئۇنىڭ پەقەت ﴿بول﴾ دېگەن ئەمرى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قىيامەت قايىم بولىدۇ. ﴿ قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر﴾. (سۈرە نەھل 77-ئايەت)

③ ھىجرەت-ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆز يۇرتى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا بىمالال ئەمەل قىلالايدىغان جايغا كۆچۈش دېمەكتۇر. بۇ ئايەتتە ئەنە شۇنداق مەقسەتتە ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىندى، ئۇنىڭدىكى ھۆكۈم ئومۇمىي بولۇپ، بارلىق مۇھاجىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەت يەنە مەككىدە ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن قاتتىق ئەزىيەت تارتقانلىقتىن، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار توغرىسىدا چۈشكەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇلار ئەر-ئايال بولۇپ 100 ياكى 100 دىن ئارتۇق كىشى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭ ئايالى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيەمۇ بار ئىدى.

④ بۇ ئايەتتىكى ﴿دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز﴾ دېگەن ئىبارىنى بەزى ئۆلىمالار: ياخشى رىزىققا ئىگە قىلىمىز، دەپ تەپسىر قىلدى. بەزىلەر: مەدىنىگە ئورۇنلاشتۇرىمىز، دەپ تەپسىر قىلدى، چۈنكى مەدىنە شۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلام مەركىزىگە ئايلاندى، دېدى. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىككى تەپسىردە بىر-بىرىگە زىتلىق يوق، چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ ماكانلىرى ۋە

ماللىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا دۇنيادىلا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بەردى، ياخشى رىزىققىمۇ ئىگە قىلدى يەنە ئۇلارنى پۈتۈن ئەرەبلەرگە ھۆكۈمران قىلدى.

⑤ ئىبنى ئەبى ھاتەم رىۋايەت قىلىدۇكى: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارغا مائاش بەلگىلىگەن ئىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مائاش بېرىدىغان چاغدا: «بۇ ساڭا ئاللاھ تائالا دۇنيادا ۋەدە قىلغان مۇكاپات، ئەمما سەن ئۇچۇن ئاخىرەتتە ساقلاپ قويغىنى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشىدۇر»، دەيتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٤٢﴾ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ إِلَّا
رِجَالٗا نُّوحِيٓ إِلَيۡهِمۡۖ فَسۡـَٔلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلذِّكۡرِ إِن كُنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٤٣﴾
بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِۗ وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ
إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٤﴾ أَفَأَمِنَ ٱلَّذِينَ مَكَرُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن
يَخۡسِفَ ٱللَّهُ بِهِمُ ٱلۡأَرۡضَ أَوۡ يَأۡتِيَهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِنۡ حَيۡثُ لَا
يَشۡعُرُونَ ﴿٤٥﴾ أَوۡ يَأۡخُذَهُمۡ فِي تَقَلُّبِهِمۡ فَمَا هُم بِمُعۡجِزِينَ ﴿٤٦﴾

ئۇلار (ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر (يەنى رەببىگىلا تايىنىدىغانلاردۇر) [42]. (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھىي قىلىپ، ئۇلارنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، (ئى مۇشرىكلار! ئۇنى) بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار① [43]. (ئۇ پەيغەمبەرلەرنى) ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق)، بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار) نى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ (بۇ قۇرئاننى) تەپەككۇر قىلىشى (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى) ئۈچۈن نازىل قىلدۇق [44]. ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ يامانلىق قىلغانلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى ئۆزلىرىگە ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن قورقمامدۇ؟ [45]. ياكى ئۆزلىرىنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى چاغلىرىدا جازاغا ئۇچرىشىدىن

*قورقمامدۇ؟② (ئۇ چاغدا) ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ [46].*

① ﴿اَهْلَ الذِّكْرِ﴾ دېگەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تارىخىنى بىلىدىغان ئەھلى كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك بىز ئەۋەتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئەرلەردىن يەنى ئىنسانلاردىن ئىدى، مانا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بىر ئىنسان. ئۇنىڭ ئىنسان بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان بولساڭلار، ئەھلى كىتابتىن سوراپ بېقىڭلار! ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئىنسانمىدى ياكى پەرىشتىلەرمىدى؟ ئۇلارمۇ ئىنسان ئىدى، ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئۇنىڭ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىسىلەر؟ (تەپسىلاتى ئۈچۈن سۈرە ئەنبىيا 7-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

② بۇ ئايەتتىكى ﴿تَقَلُّبِ﴾ «بېرىپ-كېلىپ يۈرگەن، سەپەر ئۈستىدە بولغان» دېگەن ئىبارىنىڭ بىر نەچچە خىل ھالەت مەنىسى بار، مەسىلەن: 1. ئۇلار تىجارەت ئۈچۈن كېتىۋاتقان سەپەردە، 2. تىجارەتتە تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر خىل ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىۋاتقان ھالەتتە، 3. كەچتە ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتقان ھالەتتە ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراشتىن قورقمامدۇ؟ ھەر قانداق ھالەتتە ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشقا قادىردۇر.

أَوْ يَأْخُذَهُمْ عَلَىٰ تَخَوُّفٍ فَإِنَّ رَبَّكُمْ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٤٧﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا
إِلَىٰ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ مِن شَيْءٍ يَتَفَيَّؤُا۟ ظِلَٰلُهُۥ عَنِ ٱلْيَمِينِ وَٱلشَّمَآئِلِ
سُجَّدًا لِّلَّهِ وَهُمْ دَٰخِرُونَ ﴿٤٨﴾ وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي
ٱلْأَرْضِ مِن دَآبَّةٍ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ ﴿٤٩﴾ يَخَافُونَ رَبَّهُم
مِّن فَوْقِهِمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ۩ ﴿٥٠﴾ ۞ وَقَالَ ٱللَّهُ لَا تَتَّخِذُوٓا۟
إِلَٰهَيْنِ ٱثْنَيْنِ ۖ إِنَّمَا هُوَ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ فَإِيَّٰىَ فَٱرْهَبُونِ ﴿٥١﴾

*ياكى (ئاللاھنىڭ) ئۆزلىرىنى ئازابتىن قاتتىق قورقۇتۇپ (تەدرىجى ياكى بىراقلا) جازالىشىدىن قورقمامدۇ؟① سىلەرنىڭ رەببىڭلار*

***ئەلۋەتتە كۆيۈمچاندۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (شۇڭا سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىدى)② [47]. ئۇلار ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ ئاللاھقا بويسۇنغان ھالدا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن ئوڭ - سولغا مايىل بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟③ [48]. ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكى بارچە جانلىقلار، پەرىشتىلەر ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلمايدۇ [49]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى رەببىدىن قورقىدۇ④، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ⑤ [50]. ئاللاھ (ئىنسانلارغا): «ئىككى ئىلاھ تۇتماڭلار (ئىلاھنى ئىككى قىلىۋالماڭلار)، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر⑥، مەندىنلا قورقۇڭلار» دېدى [51].***

① ﴿تَخَوُّفٍ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى، بۇرۇندىنلا قەلبتە ئازاب ۋە جازادىن قورقۇش ۋە ئەنسىرەش بولغاننى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: بىر ئادەم چوڭ بىر گۇناھنى قىلىپ تاشلاپ، ئارقىدىن ئەمدى ئاللاھ مېنى جازالارمۇ، قاچان جازالار؟ دەپ قورقۇپ، ئەنسىرەپ يۈرگەندە جازالانغاندەك. بەزىدە شۇنداقمۇ جازالاش بولىدۇ.

② شۇڭا ئاللاھ تائالا كىشىلەردىن گۇناھ سادىر بولغان ھامان ئۇلارنى جازالىمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ، شۇ مۆھلەت ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر تەۋبە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قالىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقى، بۈيۈكلىكى، ئۇلۇغلۇقى، كائىناتتىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر، ئىنسانلار، جىنلار ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، باش ئەگىدىغانلىقى، يەنە ئوڭ - سولغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئۆز سايىسى بىلەن ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدىغانلىقى تەسۋىرلەندى. ئىمام مۇجاھىد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: كۈن قايرىلغان چاغدا ھەممە نەرسە غالىب ۋە بۈيۈك ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىدۇ.

④ يەنى ئاللاھتىن قورقۇپ، تىترىگەن ھالدا تۇرىدۇ.

⑤ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويۇنتاۋلۇق قىلمايدۇ، بەلكى نېمىگە بۇيرىسا، شۇنى بەجا كەلتۈرىدۇ، نېمىدىن چەكلىسە، شۇنىڭدىن يىراق

تۇرىدۇ.

⑥ چۈنكى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ناۋادا ئاسمان ۋە زېمىندا ئىككى ئىلاھ بولغان بولسا، كائىناتنىڭ نىزامى بىر خىل تۇرالمىغان، بەلكى ئاللىقاچان بۇزۇلغان ۋە خاراب بولغان بولاتتى. ﴿ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى﴾. (سۈرە ئەنبىيا 22 ـ ئايەت) بۇنىڭغا ئاساسەن مەجۇسىيلارنىڭ (ئىككى ئىلاھ) ئەقىدىسى ۋە مۇشرىكلارنىڭ (كۆپ ئىلاھ) ئەقىدىسى باتىلدۇر. ئەگەر كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بىر بولسا، ئۇ شېرىكسىز، ئۆزى يالغۇز كائىناتنىڭ تەرتىپ ۋە نىزامىنى باشقۇرىۋاتقان بولسا، مەبۇدمۇ شۇ يالغۇز ئىلاھ بولىدۇ، ئۇ يەككە ـ يېگانە بولىدۇ، ئەسلا ئىككى بولمايدۇ.

وَلَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَهُ ٱلدِّينُ وَاصِبًاۚ أَفَغَيۡرَ ٱللَّهِ تَتَّقُونَ ﴿٥٢﴾ وَمَا بِكُم مِّن نِّعۡمَةٖ فَمِنَ ٱللَّهِۖ ثُمَّ إِذَا مَسَّكُمُ ٱلضُّرُّ فَإِلَيۡهِ تَجۡـَٔرُونَ ﴿٥٣﴾ ثُمَّ إِذَا كَشَفَ ٱلضُّرَّ عَنكُمۡ إِذَا فَرِيقٞ مِّنكُم بِرَبِّهِمۡ يُشۡرِكُونَ ﴿٥٤﴾ لِيَكۡفُرُواْ بِمَآ ءَاتَيۡنَٰهُمۡۚ فَتَمَتَّعُواْ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ﴿٥٥﴾

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر، ھەمىشە ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش لازىمدۇر① ، سىلەر ئاللاھتىن باشقا بىرىدىن قورقامسىلەر؟ [52]. سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان ھەرقانداق نېمەت ئاللاھتىندۇر② ، ئاندىن سىلەرگە بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ئۇنىڭغىلا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر③ [53]. ئاللاھ سىلەردىن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرىۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك ئادەم شۇ ھامان رەببىگە شېرىك كەلتۈرىدۇ [54]. ئۇلار بىزنىڭ بەرگەن نېمىتىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ)④ ، (سىلەر ئەجىلىڭلار يەتكۈچە دۇنيا ھاياتىدىن) بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇڭلار، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر⑤ [55].***

① يەنى ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش ھەمىشە لازىمدۇر. ﴿وَاصِبًا﴾ ھەمىشە، دائىم دېگەن مەنىدە، ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿وَلَهُمْ عَذَابٌ وَّاصِبٌ﴾ ﴿ئۇلار (ئاخىرەتتە) دائىملىق ئازابقا قالىدۇ﴾. (سۈرە سافات 9-ئايەت) باشقا ئايەتتىمۇ مۇشۇ مەزمۇن بايان قىلىنغان ﴿دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن. بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر﴾. (سۈرە زۇمەر 2-، 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

② بارلىق نېمەتلەرنى بەرگۈچى پەقەت بىر ئاللاھ تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىسىلەر؟

③ بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئەقىدە بىر ئىنساننىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولسا، ھەر تەرەپنى ئۈمىدسىزلىك تۇمانلىرى قاپلاپ كەتكەن ۋاقىتتا، نامايەن بولىدۇ، يەنى شۇنداق ۋاقىتتا تەۋرەنمەستىن، مەيۈسلەنمەستىن بىر ئاللاھقىلا تەلپۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىنلا مەدەت تىلەيدۇ.

④ لېكىن ئىنسان نېمە دېگەن ناشۈكۈر ۋە ئۇنۇتقاق ھە! ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن قىيىنچىلىق (كېسەللىك، بىئاراملىق، زىيان-زەخمەت، مۇسىبەت قاتارلىقلار) نى كۆتۈرۈۋەتسە، يەنە رەببىگە شېرىك كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ.

⑤ بۇ ئايەتتىكى ئۇقۇم ئىلگىرى بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى ئۇقۇمغا ئوخشايدۇ ﴿ئۇلارغا: «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر» دېگىن﴾. (سۈرە ئىبراھىم 30 -ئايەت) بۇ ئەيىبلەش ۋە تەھدىت تەرىقىسىدە ئېيتىلغان سۆزدۇر.

وَيَجۡعَلُونَ لِمَا لَا يَعۡلَمُونَ نَصِيبٗا مِّمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡۗ تَٱللَّهِ لَتُسۡـَٔلُنَّ
عَمَّا كُنتُمۡ تَفۡتَرُونَ ٥٦ وَيَجۡعَلُونَ لِلَّهِ ٱلۡبَنَٰتِ سُبۡحَٰنَهُۥ وَلَهُم مَّا
يَشۡتَهُونَ ٥٧ وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُم بِٱلۡأُنثَىٰ ظَلَّ وَجۡهُهُۥ مُسۡوَدّٗا وَهُوَ
كَظِيمٞ ٥٨ يَتَوَٰرَىٰ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ مِن سُوٓءِ مَا بُشِّرَ بِهِۦٓۚ أَيُمۡسِكُهُۥ
عَلَىٰ هُونٍ أَمۡ يَدُسُّهُۥ فِي ٱلتُّرَابِۗ أَلَا سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ٥٩

**ئۇلار بىز بەرگەن رىزىقتىن ئۆزلىرى (ماھىيىتىنى) بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە (يەنى بۇتلارغا) نېسىۋە قالدۇرىدۇ①، (ئى مۇشرىكلار!) ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسەڭلاردىن چوقۇم سوراققا تارتىلىسىلەر② [56]. ئۇلار قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى بار دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ)، ئاللاھ ئەلۋەتتە (بۇنداق بوھتاندىن) پاكتۇر، ئۇلار ئۆزلىرىگە بولسا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان (ئوغۇللار)نى مەنسۇپ قىلىدۇ③ [57]. ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە قىز بالىسى بولغانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، قاتتىق غەزەپلىنىپ، چىرايى قارىداپ كېتىدۇ [58]. يەتكۈزۈلگەن خەۋەرنى يامان كۆرگەنلىكتىن، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپراققا (تىرىك) كۆمۈۋېتەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) قاراڭلار! ئۇلار چىقارغان ھۆكۈم (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ قىلىپ، قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلغانلىقى) نېمىدېگەن قەبىھ!④ [59].**

① يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە ھاجىتىمىزنى راۋا قىلىدۇ، مۈشكۈللىرىمىزنى ئاسان قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرى تاشتىن ياسالغان بۇتلار ياكى جىن-شەيتانلار بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇلار بىلمەيدۇ، شۇنىڭدەك قەبرىگە كۆمۈلگەن كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىنغانلىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەردىنمۇ ياكى غەزىپىگە لايىق بولغانلاردىنمۇ؟ بۇنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن بۇ زالىملار ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپلا، ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلىرىدىن بۇتلىرىغا (ئاتاپ نەزىر قىلىش ئۈچۈن) نېسىۋە ئايرىيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئايرىغان نېسىۋە كەم بولسا بولىدۇكى، لېكىن بۇتلىرى ئۈچۈن ئايرىغان نېسىۋىنى ھەرگىز كەم قىلمايدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە ئەنئامنىڭ136 -ئايىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

② سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى شېرىكلىرى بار دەپ ئۇنىڭغا چاپلىغان بوھتانلىرىڭلار ھەققىدە قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىسىلەر.

③ ئەرەبلەر ئىچىدىكى (خۇزائە ۋە كەنانە) قەبىلىلىرى پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارغا چوقۇناتتى. دېمەك ئۇلار ئىككى جەھەتتە چەكتىن ئېشىپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى: بىرىنچىدىن، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئەۋلاد مەنسۇپ قىلدى، ھالبۇكى ئاللاھ تائالانىڭ ھېچ بالىسى يوقتۇر. ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالاغا ئەۋلاد مەنسۇپ قىلغاندىمۇ ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان قىزلارنى مەنسۇپ قىلدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۇشرىكلار جامائەسى! (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا ئاللاھقا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴾. (سۈرە نەجم 21 ـ، 22 ـ ئايەتلەر) يەنى سىلەر پەرزەنتىڭلارنىڭ ئوغۇل بولۇشىنى ياقتۇرىسىلەر، ئەمما قىز بولۇشىنى ياقتۇرمايسىلەر.

④ يەنى ئۇلار قىز تۇغۇلغانلىق خەۋرىنى ئاڭلىسا، چىرايى ئۆزگىرىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ كېتىدۇ ـ يۇ، ئاللاھ تائالاغا قىزلارنى مەنسۇپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان! بۇ ئايەتتىن ئاللاھ تائالامۇ ئوغۇللارغا قارىغاندا قىزلارنى تۆۋەن كۆرىدىكەن دەپ خاتا چۈشىنىۋېلىشكە بولمايدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قىز ۋە ئوغۇل باراۋەردۇر، بالىنىڭ جىنسىگە قاراپ تۆۋەن ياكى ئارتۇق كۆرۈش يوقتۇر. بۇ يەردە پەقەت ئەرەبلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا قارىتا تۇتقان خاتا پوزىتسىيەسىنى ۋە ئەقىل قوبۇل قىلمايدىغان ئادالەتسىزلىكىنى بايان قىلىش مەقسەت قىلىنغان. ۋەھالەنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلاتتى، بۇنىڭ مەنتىقىلىق نەتىجىسى بويىچە ئۇلار ئۆزلىرى يامان كۆرگەننى ئاللاھقىمۇ مەنسۇپ قىلمىسا بولاتتى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلدى. دېمەك بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ نائىنساپلىقى بايان قىلىندى.

لِلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْأَخِرَةِ مَثَلُ ٱلسَّوْءِ ۖ وَلِلَّهِ ٱلْمَثَلُ ٱلْأَعْلَىٰ ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٦٠﴾ وَلَوْ يُؤَاخِذُ ٱللَّهُ ٱلنَّاسَ بِظُلْمِهِم مَّا تَرَكَ عَلَيْهَا مِن دَآبَّةٍ وَلَٰكِن يُؤَخِّرُهُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۖ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَـْٔخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ ﴿٦١﴾

*ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار (ئوغۇلنى ياخشى كۆرۈپ، قىزنى يامان كۆرۈش، خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا خۇشال بولۇپ، قىز تۇغسا ئاچچىقى كېلىش، ئار - نومۇس ۋە كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشكە ئوخشاش) يامان سۈپەتكە ئىگىدۇر①، ئاللاھ بولسا ئەڭ ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر② [60]. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ (كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزلىرىگە سالغان) زۇلمى تۈپەيلىدىن (دەرھال) جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى③، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى (جازالاشنى) مۇئەييەن ۋاقىتقا قەدەر كېچىكتۈرىدۇ④، ئۇلارنىڭ (جازالىنىش) ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار قىلچە كېچىكتۈرەلمەيدۇ، ئالدىغىمۇ سۈرەلمەيدۇ [61].*

① بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ يامان ئەمەللىرى بايان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ناچار سۈپەتلەرگە ئىگە، ئەيىب-نۇقسانلىرى كۆپ، يامانلارنىڭ مىسالى ۋە ئۆرنىكى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلدى. يەنى ئۇلار جاھالەت ۋە كۇفرىلىقتىن ئىبارەت يامان سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر. يەنە بىر مەنىسى، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغانلارنىڭ ئاللاھقا خوتۇن ۋە ئەۋلاد مەنسۇپ قىلغانلىقى يامان قىلمىشتۇر، ئەنە شۇلار يامان سۈپەتلىك كىشىلەردۇر.

② يەنى ئاللاھنىڭ ھەربىر سۈپىتى مەخلۇقنىڭ سۈپىتىگە سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئۈستۈندۇر، مەسىلەن: ئۇنىڭ ئىلمى چەكسىز، كۈچ-قۇدرىتى مىسلىسىز، ئۇنىڭ ئاتا قىلغانلىرى ھېسابسىزدۇر. بۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن يۇقىرىدىكى ئىبارىنىڭ بىر مەنىسى، ئاللاھ بولسا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى قاتارلىق ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر. (فەتھۇلقەدىر) يەنە بىر مەنىسى، ﴿ئەڭ ئېسىل سۈپەتلەر ئاللاھقا خاستۇر﴾ يەنى ھەر جەھەتتىن مۇتلەق كامالەت ئاللاھقىلا خاستۇر؛ ﴿ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار يامان سۈپەتكە ئىگىدۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرى، خاتالىقلىرى كۆپ، دېمەكتۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ ئاللاھ تائالا جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زات بولغاچقا، ئىشلارنى ھېكمەت بىلەن يىراقنى كۆزلەپ قىلىدۇ، بەندىلەرنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا

بويسۇنمىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، نە ئىمەتلىرىنى تارتىۋالمايدۇ، نە دەرھاللا جازالىۋەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ بەندىلەرنى گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھامان جازالايدىغان بولسا ئىدى، كۇفرى-شېرىك ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ كۆپلۈكىدىن يەر يۈزىدە ھېچبىر جانلىق قالمىغان بولاتتى. چۈنكى گۇناھ-مەئسىيەت ئومۇملىشىپ كەتسە، كېلىدىغان ئازابمۇ ئومۇمىي بولىدۇ، ئۇنىڭدا ياخشىلارمۇ يامانلار بىلەن بىللە ھالاك قىلىنىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلار نىيەت ۋە ئەمەللىرىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتا ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالا بىر قەۋمگە چۈشۈرسە، ئازاب ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممىنى ھالاك قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىگە ئاساسەن تىرىلدۈرۈلىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى، 7108-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2879-ھەدىس)

④ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مەلۇم مۇددەتكىچە مۆھلەت بېرىدۇ، بۇنىڭدا ئىككى ھېكمەت بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۇلارغا ھېچقانداق ئۆزرە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنى كېچىكتۈرىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاللاھنىڭ ئىلمىدە ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن تۇغۇلىدىغان مۇسۇلمان ئەۋلاد بار بولۇپ، ئۇلار تۇغۇلىۋالسۇن دەپ، مۆھلەت بېرىدۇ.

وَيَجۡعَلُونَ لِلَّهِ مَا يَكۡرَهُونَۚ وَتَصِفُ أَلۡسِنَتُهُمُ ٱلۡكَذِبَ أَنَّ لَهُمُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ لَا جَرَمَ أَنَّ لَهُمُ ٱلنَّارَ وَأَنَّهُم مُّفۡرَطُونَ ﴿٦٢﴾ تَٱللَّهِ لَقَدۡ أَرۡسَلۡنَآ إِلَىٰٓ أُمَمٍ مِّن قَبۡلِكَ فَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَعۡمَٰلَهُمۡ فَهُوَ وَلِيُّهُمُ ٱلۡيَوۡمَ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٦٣﴾ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا لِتُبَيِّنَ لَهُمُ ٱلَّذِي ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٦٤﴾

***ئۇلار ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان نەرسىنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ① ، ئۇلارنىڭ تىللىرى «ئەڭ ياخشى ئاقىۋەت (يەنى ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق) بىزگە مەنسۇپتۇر» دەپ يالغان سۆزلەيدۇ② ، شەكسىزكى، ئۇلارغا ئەلۋەتتە دوزاخ بار، ئۇلار ئۇ ئوتقا تۇنجى بولۇپ تاشلىنىدىغانلاردۇر③ [62]. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگىمۇ ئەلۋەتتە (پەيغەمبەرلەرنى)***

*ئەۋەتكەن ئىدۇق، شەيتان ئۇلارنىڭ (يامان) ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتى④، شەيتان بۈگۈنمۇ ئۇلارنىڭ دوستىدۇر⑤. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ئەلەملىك ئازاب بار [63]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت كىشىلەرگە ئۇلار (دىن بارىسىدا) ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ⑥ ۋە ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ھەم رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق [64].*

① يەنى ئۇلار ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتا تەكىتلەش يۈزىسىدىن تەكرارلاندى.

② بۇ ئۇلارنىڭ يەنە بىر يامان سۈپىتىدۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا نائىنسابلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرى يالغان سۆزلەپ: ئەڭ ياخشى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى، دۇنيادا ياخشىلىققا ئېرىشكەندەك، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىققا ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى جۆيلۈيدۇ.

③ يەنى شەكسىزكى، «ئەڭ ياخشى ئاقىۋەت» ئۇلارغا مەنسۇپتۇر، ئۇ بولسىمۇ، جەھەننەمنىڭ ئوتىدۇر. ﴿مُفْرَطُونَ﴾ نىڭ بىر مەنىسى، ئۇلار دوزاخقا ھەممىنىڭ ئالدىدا كىرىدىغانلاردۇر. " فَرَطُ "نىڭ بۇ مەنىسى ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: " أَنَا فَرَطُكُمْ عَلَى الْحَوْضِ " «مەن ھەۋزى كەۋسەرگە سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بارىمەن.» (سەھىھۇل بۇخارى،6575 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم2290 ـ ھەدىس) ﴿مُفْرَطُونَ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىپ ئۇنتۇلۇپ كەتكۈچىلەردۇر (دوزاختا تاشلىنىپ قالغۇچىلاردۇر).

④ شۇ ۋەجىدىن ئۇلارمۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقاردى. شۇنىڭدەك ئى پەيغەمبەر! مەككە مۇشرىكلىرىمۇ سېنى يالغانغا چىقىرىۋاتىدۇ.

⑤ ﴿الْيَوْمَ﴾ «بۈگۈن» دېگەندىن تەرجىمىدە كەلگەندەك بۇ دۇنيا كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئاخىرەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېمەك ئۇ يەردىمۇ شەيتان ئۇلارنىڭ دوستى بولىدۇ. يەنە بىر تەپسىردە ﴿وَلِيُّهُمُ﴾ «ئۇلارنىڭ دوستى» دىكى «ئۇلارنىڭ» دېگەن ئالماش مەككە كاپىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ئازدۇرغان بۇ شەيتان بۈگۈنمۇ مەككە كاپىرلىرىنىڭ دوستىدۇر، ئۇ مەككە كاپىرلىرىنى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشقا زورلاۋاتىدۇ.

⑥ بۇ ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى بايان قىلىندى. يەنى سىېنىڭ ۋەزىپەڭ ھەق بىلەن باتىلنىڭ كىشىلەرگە ئېنىق بولىشى، ھەقكە ئەگىشىپ، باتىلدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار بىلەنناسارالار ئارىسىدىكى، مەجۇسىيلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى ۋە باشقا دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدىكى ئەقىدە ۋە شەرئىي ئەھكاملارغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئۆزئارا ئىختىلاپلاشقان نۇقتىلارنى تەپسىلىي بايان قىلىشتۇر.

وَٱللَّهُ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَحۡيَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَآۚ إِنَّ فِي
ذَٰلِكَ لَأٓيَةً لِّقَوۡمٍ يَسۡمَعُونَ ﴿٦٥﴾ وَإِنَّ لَكُمۡ فِي ٱلۡأَنۡعَٰمِ لَعِبۡرَةًۖ
نُّسۡقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهِۦ مِنۢ بَيۡنِ فَرۡثٍ وَدَمٍ لَّبَنًا خَالِصًا سَآئِغًا
لِّلشَّٰرِبِينَ ﴿٦٦﴾ وَمِن ثَمَرَٰتِ ٱلنَّخِيلِ وَٱلۡأَعۡنَٰبِ تَتَّخِذُونَ مِنۡهُ
سَكَرًا وَرِزۡقًا حَسَنًاۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةً لِّقَوۡمٍ يَعۡقِلُونَ ﴿٦٧﴾ وَأَوۡحَىٰ
رَبُّكَ إِلَى ٱلنَّحۡلِ أَنِ ٱتَّخِذِي مِنَ ٱلۡجِبَالِ بُيُوتًا وَمِنَ ٱلشَّجَرِ وَمِمَّا
يَعۡرِشُونَ ﴿٦٨﴾ ثُمَّ كُلِي مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ فَٱسۡلُكِي سُبُلَ رَبِّكِ ذُلُلٗاۚ

*ئاللاھ ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىنغا (سۇسىزلىقتىن) ئۆلگىنىدىن كېيىن ھاياتلىق بەردى (يەنى تۈرلۈك زىرائەتلەرنى ئۈندۈردى)، بۇنىڭدا (ھەق سۆزنى) ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) ئەلۋەتتە دەلىل بار [65]. شەكسىزكى، چارۋىلاردىمۇ سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار①، بىز سىلەرنى ئۇلارنىڭ قارنىدىكى ژىن ۋە قان ئارىسىدىن (ئايرىلىپ چىققان) ۋە ئىچكۈچىلەرگە سىڭىشلىك ساپ سۈت بىلەن سۇغىرىۋاتىمىز② [66]. (سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) سىلەر خورمىلاردىن، ئۈزۈملەردىن مەس قىلغۇچى ئىچىملىك (شاراب)③ ۋە پاك رىزىق (پاكىز يېمەكلىكلەر) ياسايسىلەر، بۇنىڭدا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى*

***كۆرستىدىغان چوڭ) دەلىل بار [67]. رەببىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ۋەھيي قىلدىكى (يەنى دىلىغا سالدىكى)④: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (ئىنسانلار) ياسىغان سانىدۇقلارغا ئۇۋا تۈزگىن [68]. ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەر (يەنى گۈل - چېچەكلەر) دىن يېگىن، رەببىڭ (ساڭا) ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەن يوللاردا يۈرگىن».***

① ﴿الْأَنْعَامِ﴾ «چارۋىلار» دېگەنىدە تۆگە، كالا، ئۆچكە ۋە قوي قاتارلىق چارۋا ماللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② بۇ «چارۋىلار» يېگەن نەرسە ئاشقازانغا كىرىدۇ، ئاشقازاندا ھەزىم بولغاندا، ئۇنىڭدىن سۈت، قان، ماياق، تېزەك ياسىلىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆز ئورنىغا قاراپ ماڭىدۇ، يەنى قان تومۇرغا، سۈت يېلىنغا، سۈيدۈك سۈيدۈك خالتىسىغا ۋە گەندە پېشەپكە قاراپ ماڭىدۇ. بىرى يەنە بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، سۈتكە قاننىڭ رەڭگى قېتىلىپ كەتمەيدۇ، سۈيدۈككە چوڭ تەرەتنىڭ پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن ئاق ۋە سۈزۈك سۈت ئايرىلىپ چىقىدۇ، ئۇنى ئىچكەندە، ئىنساننىڭ گېلىدە تۇرۇپ قالماي، ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

③ بۇ ئايەت ھاراق-شاراب ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن چۈشكەن ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇمۇ ھالال نەرسىلەر بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنىدى. لېكىن بۇ ئايەتتە ﴿سَكَرًا﴾ «مەس قىلغۇچى ئىچىملىك (شاراب)» تىن كېيىن ﴿رِزْقًا حَسَنًا﴾ «پاك رىزىق» نىڭ ئايرىم كەلگەنلىكى شارابنىڭ «پاك رىزىق» ئەمەسلىكىگە ئىشارە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ سۈرىلەردە شارابنىڭ ياخشى نەرسە ئەمەسلىكى تىلغا ئېلىنىدى، كېيىن مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە تەدرىجىي ھارام قىلىنىدى.

④ " وَحْىٌ " ۋەھيي، ئىلھام، بۇيرۇق، يوشۇرۇن بىلدۈرمەك، دىلىغا سالماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا تەبىئىي زۆرۈرىيەتلەرنىڭ ئورۇنلىنىشى ۋە پۈتتۈرۈلىشى ئۈچۈن ھايۋانلارغىمۇ ۋەھيي چۈشۈرىدۇ يەنى ئەمر-پەرمانلارنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا سالىدۇ (ئىلھام قىلىدۇ).

يَخْرُجُ مِنۢ بُطُونِهَا شَرَابٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهُۥ فِيهِ شِفَآءٌ لِّلنَّاسِ ۗ إِنَّ فِى

ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٦٩﴾ وَٱللَّهُ خَلَقَكُمۡ ثُمَّ يَتَوَفَّىٰكُمۡۚ
وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ أَرۡذَلِ ٱلۡعُمُرِ لِكَيۡ لَا يَعۡلَمَ بَعۡدَ عِلۡمٖ شَيۡـًٔاۚ إِنَّ
ٱللَّهَ عَلِيمٞ قَدِيرٞ ﴿٧٠﴾

***ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا① بولىدىغان خىلمۇخىل رەڭلىك② ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ③. بۇنىڭدىمۇ (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (كاتتا) ئىبرەت بار [69]. ئاللاھ سىلەرنى ياراتتى، ئاندىن (ئەجىلىڭلار پۈتكەندە) سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاراڭلاردا ئۆمۈرنىڭ ئەڭ ناچار (قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار ھەتتا بۇرۇن بىلگەنلىرىنى بىلمەس بولۇپ قالىدۇ④ (يەنى ئىلگىرى بىلىدىغانلىرىنى ئۇنتۇپ، كۈچ - قۇۋۋىتى تۈگەپ، ئەقلى كېمىيىپ كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن (مەخلۇقاتنى باشقۇرۇشنى) بىلگۈچىدۇر، (ئۆزى ئىرادە قىلغان نەرسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا) قادىردۇر [70].***

① ﴿شِفَآءٌ﴾ دېگەن سۆزنىڭ ئەلىف-لامسىز، قوش پېشلىق كەلگەنلىكى كاتتىلىق ۋە چوڭلۇقنى بىلدۈرىدۇ، ئومۇمىيلىقنى بىلدۈرمەيدۇ، يەنى ھەسەلدە كۆپ كېسەللىكلەرگە كاتتا شىپالىق بار دېمەكتۇر. بۇ مۇتلەق ھەر قانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. تىبابەت ساھەسىدىكى دوختۇرلارمۇ ھەسەلنىڭ ھەقىقەتەن شىپالىق، تەبىئىي ئىچىملىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ، پەقەت بەلگىلىك كېسەللەرگە شۇنداق، ھەممە كېسەلگە ئەمەس. ھەسەل ھەققىدە مۇنداق ھەدىسلەر كەلگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاتلىق نەرسىلەرگە ۋە ھەسەلگە ئامراق ئىدى». (سەھىھۇل بۇخارى 5614-ھەدىس) ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ ئىشتا شىپا بار: قان ئېلىشتا، ھەسەل ئىچىشتە ۋە ئوت بىلەن داغلاشتا. مەن ئۈممىتىمنى ئوت بىلەن داغلاشتىن توسىمەن». (سەھىھۇل بۇخارى 5683-ھەدىس) ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

قېشىغا كېلىپ: قېرىندىشىمنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا ھەسەل بەرگىن» دېدى. ئۇ ئادەم بېرىپ ئۇنىڭغا ھەسەل بەردى (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر چىقىپ كەتتى). ئاندىن قايتىپ كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭغا ھەسەل بەردىم، بىراق ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ سۈرۈپ كەتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭغا يەنە ھەسەل بەرگىن» دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم بېرىپ قېرىندىشىغا ھەسەل بەردى. (بۇ قېتىم تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر چىقىپ كەتتى، قېرىندىشى ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قارىدى) ئاندىن قايتىپ كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قېرىندىشىمغا ھەسەل بەرسەم، ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ سۈرۈپ كەتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا راست ئېيتتى، لېكىن سېنىڭ قېرىندىشىڭنىڭ قورسىقى يالغان ئېيتتى. بېرىپ قېرىندىشىڭغا يەنە ھەسەل بەرگىن» دېدى. ئۇ بېرىپ قېرىندىشىغا يەنە ھەسەل بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىمدا ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ قورسىقى ساقايدى». (سەھىھۇل بۇخارى 5614-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2217-ھەدىس)

② يەنى ھەسەل ھەرىلىرى تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەردىن شىرنە توپلىغانلىقتىن چىقارغان ھەسەللىرىمۇ ئاق، سېرىق، قىزىل ۋە باشقا رەڭلەردە بولىدۇ، ھەتتا ھەسەللەرنىڭ تەملىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

③ ھەسەل ھەرىلىرى ئاۋۋال ئۇۋۇلىرىنى تاغلارغا، دەرەخلەرگە، بىنالارغا ھېچقانداق يېرى ئوچۇق قالمايدىغان دەرىجىدە، ئالتە بۇرجەك شەكلىدە، ناھايىتى پۇختا ۋە مۇستەھكەم ياسايدۇ. ئاندىن باغلار، ئورمانلار، داللار، جىلغىلار ۋە تاغلاردا ئۇچۇپ يۈرۈپ، ھەر خىل گۈل - چېچەكلەرنىڭ شىرنىلىرىنى قورساقلىرىغا توپلايدۇ. ئاندىن كەلگەن يول بىلەن ئېزىپ كەتمەستىن ئۆز ئۇۋۇلىرىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئاندىن قورسىقىدىن قۇرئان كەرىم ﴿شَرَابٌ﴾ ئىچىملىك دەپ ئاتىغان ھەسەلنى چىقىرىدۇ. يەنى بۇ روھنى كۆتۈرىدىغان ئىچىملىكتۇر.

④ ئىنسانغا قېرىلىق يەتكەندە ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ، سۆز-ھەرىكەتلىرى كىچىك بالىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئالىرىدا پاناھ تىلىگەن قېرىلىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

وَٱللَّهُ فَضَّلَ بَعۡضَكُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ فِي ٱلرِّزۡقِۚ فَمَا ٱلَّذِينَ فُضِّلُواْ بِرَآدِّي
رِزۡقِهِمۡ عَلَىٰ مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُمۡ فَهُمۡ فِيهِ سَوَآءٌۚ أَفَبِنِعۡمَةِ ٱللَّهِ
يَجۡحَدُونَ ﴿٧١﴾ وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنۡ أَنفُسِكُمۡ أَزۡوَٰجٗا وَجَعَلَ لَكُم
مِّنۡ أَزۡوَٰجِكُم بَنِينَ وَحَفَدَةٗ وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِۚ أَفَبِٱلۡبَٰطِلِ
يُؤۡمِنُونَ وَبِنِعۡمَتِ ٱللَّهِ هُمۡ يَكۡفُرُونَ ﴿٧٢﴾ وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا
لَا يَمۡلِكُ لَهُمۡ رِزۡقٗا مِّنَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ شَيۡـٔٗا وَلَا يَسۡتَطِيعُونَ ﴿٧٣﴾
فَلَا تَضۡرِبُواْ لِلَّهِ ٱلۡأَمۡثَالَۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٧٤﴾

***ئاللاھ سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزىقتا ئۈستۈن قىلدى، رىزىقتا ئۈستۈن قىلىنغانلار ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى رىزىقتا باراۋەر بولۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى قۇللارغا ھەرگىز بەرمەيدۇ①، ئۇلار (بۇنداق قىلىشقا رازى بولمايدىغان تۇرۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىشامدۇ؟② [71]. ئاللاھ سىلەر )نىڭ ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن ئاياللىڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ③، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟ [72]. ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ۋە يەردىن ھېچقانداق رىزىق تېپىپ (يەنى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ۋە يەردىن زىرائەت ۋە دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ) بېرەلمەيدىغان، (ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز) قۇدرىتى يەتمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامدۇ؟④ [73]. سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى ئوخشاتماڭلار (يەنى ئاللاھقا بۇتلارنى ئوخشاتماڭلار، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار)⑤. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر [74].***

① يەنى قۇللىرىڭلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا رازى بولمايسىلەر-يۇ، ئاللاھنىڭ قۇلى بولغان بىر قانچە كىشىنى ئاللاھنىڭ شېرىكى دەپ، ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇشۇڭلارغا ئاللاھ

قانداقمۇ رازى بولسۇن؟ بۇ ئايەتتىن يەنە بىر مەسىلە ئايان بولىدۇكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرق ئاللاھ تائالا ياراتقان تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنى مەلۇم جەمئىيەت قانۇنلىرى ئارقىلىق مەجبۇرىي يوق قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە ھەممىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەر قىلىشقا مەجبۇرلىغاندەك. يەنى غەيرى تەبىئىي بولغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغاننىڭ ئورنىغا ئىقتىسادىي مەيداندا تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر كىمگە باراۋەر ھوقۇق ۋە ئەمگەك قىلىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش لازىم.

② ئاللاھ تائالا بەرگەن پۇل-مالنى ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئاتاپ نەزىر قىلىپ، شۇ تەرىقىدە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىشامدۇ؟

③ يەنى مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ بولغاندىن كېيىن سوراۋاتىدۇ: ھەممىنى بەرگۈچى ئاللاھ تائالا ئۆزى تۇرسا، ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، باشقىلارغا ئىبادەت قىلامدۇ ۋە باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلامدۇ؟

④ يەنى ئاللاھنى قويۇپ، ھېچنەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامدۇ؟

⑤ مۇشرىكلار مىسال كەلتۈرۈپ: كىم پادىشاھ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا ياكى ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشكەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە كۆرۈشەلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال پادىشاھنىڭ يېقىنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇلار ئارقىلىق ئاندىن پادىشاھقا يەتكىلى ۋە كۆرۈشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ زاتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ۋە ئۈستۈندۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن باشقا مەبۇدلار ۋە بۇزرۇكلارنى ۋاستە قىلىشىمىز كېرەك، دەيدۇ. ئۇلارغا جاۋابەن بۇ يەردە دېيىلىدىكى، سىلەر ئاللاھ تائالانى ئۆزۈڭلارغا قىياس قىلماڭلار، ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بەندىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە سېلىشتۇرماڭلار ۋە بۇنداق مىساللارنىمۇ كەلتۈرمەڭلار، چۈنكى ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېچ شەيئى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ مەبۇدلار ۋە پادىشاھلار غەيبنى بىلگۈچى ئەمەس، نە ھازىر-نازىر ئەمەس، نە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىمۇ ئەمەس، ئۇلار ھېچقانداق بىر ۋاستىسىز ۋە باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالمايدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالا بولسا ئاشكارا، مەخپىي، كۆزگە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، قاراڭغۇ كېچىلەردە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھەربىر شەخسنىڭ نالە-پەريادىنى ئاڭلاشقا ھەم قادىردۇر. ئاللاھ تائالانى ئىنسانلاردىن بولغان پادىشاھ ۋە ھاكىم بىلەن قانداقمۇ تەڭلەشتۈرگىلى ۋە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟

۞ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا عَبْدًا مَّمْلُوكًا لَّا يَقْدِرُ عَلَىٰ شَىْءٍ وَمَن رَّزَقْنَٰهُ
مِنَّا رِزْقًا حَسَنًا فَهُوَ يُنفِقُ مِنْهُ سِرًّا وَجَهْرًا ۖ هَلْ يَسْتَوُۥنَ ۚ ٱلْحَمْدُ
لِلَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾ وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا رَّجُلَيْنِ أَحَدُهُمَآ
أَبْكَمُ لَا يَقْدِرُ عَلَىٰ شَىْءٍ وَهُوَ كَلٌّ عَلَىٰ مَوْلَىٰهُ أَيْنَمَا يُوَجِّههُّ لَا يَأْتِ
بِخَيْرٍ هَلْ يَسْتَوِى هُوَ وَمَن يَأْمُرُ بِٱلْعَدْلِ وَهُوَ عَلَىٰ صِرَٰطٍ
مُّسْتَقِيمٍ ﴿٧٦﴾

*ئاللاھ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: ھېچقانداق ئىشنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالمايدىغان، باشقىسىنىڭ مۈلۈكى بولغان بىر قۇل بىلەن بىز تەرەپتىن ئوبدان رىزىققا ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلىپ تۇرىدىغان (ھۆر - ئەركىن) ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟① بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! بەلكى ئۇلار (يەنى كاپىرلار) نىڭ تولىسى (ھەمدۇساناغا ئاللاھ لايىق ئىكەنلىكىنى، بۇتلارنىڭ ھەمدۇساناغا ۋە ئىبادەتكە لايىق ئەمەسلىكىنى) بىلمەيدۇ [75]. ئاللاھ يەنە مۇنداق ئىككى كىشىنى مىسال كەلتۈرىدۇ②: ئۇلارنىڭ بىرى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ۋە ئىگىسىگە يۈك بولۇپ قالغان بىر گاچا بولۇپ، ئىگىسى ئۇنى مەيلى قەيەرگە ئەۋەتسۇن، ئۇ ھېچقانداق بىر پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، يەنە بىرى بولسا ئۆزى توغرا يولدا ماڭغان ۋە (كىشىلەرنى) ھەققانىي بولۇشقا بۇيرۇيدىغان ئادەمدۇر، بۇ ئىككى ئادەم ئوخشاش بولامدۇ؟ (يەنى بۇ گاچا بىلەن ئۆزى توغرا يولدا تۇرۇپ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان، ئۆزى قۇرئان نۇرى بىلەن نۇرلانغان ئادەم بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئۇلارنى ئوخشاش ئورۇنغا قويمىغىنىدەك، بۇت*

*ۋە تاشنى ھەممىنى بىلگۈچى قۇدرەتلىك ئاللاھ بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ)③ [76].*

① مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ بىر قۇل بىلەن يەنە بىر ئەركىن ئادەمنىڭ مىسالىدۇر، ئىككىسىنىڭ بىرى قۇل يەنە بىرى ئەركىن-ھۆر ئادەم بولۇپ، بۇ ئىككىسى باراۋەر بولالمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ مۇئمىن بىلەن كاپىردىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ مىسالى بولۇپ، بۇ ئىككىسىمۇ باراۋەر بولالمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئاللاھ تائالا بىلەن بۇتلار (باتىل مەبۇدلار) نىڭ مىسالى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئەسلا باراۋەر بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بولسا ياراتقۇچى؛ ئۇ باتىل مەبۇدلار مەخلۇق تۇرسا، قانداقمۇ باراۋەر بولسۇن؟ دېمەك بىر قۇل بىلەن بىر ئەركىن ئادەم ھەر ئىككىسى ئىنسان ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتى تۇرۇپ، يەنە تېخى ئۇلار ئارىسىدا نۇرغۇن ئورتاقلىقلار تۇرۇپمۇ، شان-شەرەپ، پەزىلەت ۋە مەرتىۋە جەھەتتىن ئۆزئارا باراۋەر بولالمايدىغان تۇرسا، ئاللاھ تائالانىڭ زاتى بىلەن سىلەرنىڭ باتىل مەبۇدلىرىڭلار ۋە مازارلىقتىكى ئۆلۈكلەر قانداقمۇ باراۋەر بولسۇن؟

② بۇ ئىلگىرىكىسىدىن تېخىمۇ ئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلىنغان يەنە بىر مىسالدۇر.

③ يەنى ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان، سۆزلەيدىغان ۋە چۈشىنىدىغان، ھەم توغرا يولدا بولغان، يەنى توغرا دىندا بولغان، تارىخى گۈزەل، ھەر ئىشتا كەمتۇكلۇك ۋە ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي بىر ئىنسان بىلەن قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان كاچا قانداقمۇ باراۋەر بولسۇن؟ بۇ ئىككى ئادەم باراۋەر بولالمىغاندەك ئاللاھ تائالا بىلەن كىشىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەر ئەلۋەتتە باراۋەر بولالمايدۇ.

وَلِلَّهِ غَيْبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَمَآ أَمْرُ ٱلسَّاعَةِ إِلَّا كَلَمْحِ ٱلْبَصَرِ
أَوْ هُوَ أَقْرَبُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٧٧﴾ وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّنۢ
بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ
وَٱلْأَفْـِٔدَةَ ۙ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٧٨﴾

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيب (نى بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر①، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر② [77]. ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى③، سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى④، سىلەر شۈكۈر قىلغايسىلەر⑤ [78].***

① يەنى ئاسمان-زېمىندا چەكسىز غەيب نەرسىلەر بار بولۇپ، قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىمۇ شۇ غەيبلەر جۈملىسىدىندۇر، ئۇ غەيبلەرنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا ئىبادەتكە لايىق زاتمۇ پەقەت شۇ بىر ئاللاھتۇر. بۇتلار ۋە ئۆلۈپ كەتكەن بۇزرۇكلار ئىبادەتكە ئەسلا لايىق ئەمەستۇر، ئۇلار ئىلىم ئىگىسىمۇ ئەمەس، ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكىمۇ قادىر ئەمەستۇر.

② يەنى مۇشۇنداق چوڭ، چەكسىز كەڭ كائىناتنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە گۇمران بولۇپ قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىگە دەلىلدۇر. بۇ مۇبالىغە ئەمەس، بەلكى شەكسىز ھەقىقەتتۇر، چۈنكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى شۇ قەدەر چەكسىز بولۇپ، ئۇنى بىز تەسەۋۋۇرمۇ قىلىپ بولالمايمىز. ئۇنىڭ ﴿كُنْ﴾ «بول» دېگەن بىر سۆزى بىلەن ئۇ خالىغان نەرسە دەرھال ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. قىيامەتمۇ ئاللاھنىڭ ﴿كُنْ﴾ «بول» دېگەن بىر سۆزى بىلەنلا بولىدۇ.

③ ﴿شَيْـًٔا﴾ دېگەن سۆزنىڭ ئەلىف-لامسىز كەلگەنلىكى ئومۇمىيلىقنى بىلدۈرىدۇ، يەنى سىلەر ھېچنەرسىنى بىلمەيتتىڭلار، بەخت-سائادەت نېمە، شاقاۋەت (بەختسىزلىك) نېمە، پايدا نېمە، زىيان نېمە؟ بىلمەيتتىڭلار.

④ ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاۋازلارنى ئاڭلايدىغان قۇلاق، نەرسىلەرنى كۆرىدىغان كۆز ۋە تەپەككۇر قىلىدىغان دىل (چۈنكى ئەقىلنىڭ مەركىزى دىلدۇر) يەنى ئەقىل ئاتا قىلدى. سىلەر شۇ ئەقىل بىلەن شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيسىلەر، پايدا-زىياننى ئايرىيالايسىلەر. ئىنساننىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۈچىيىدۇ، ئەقلى ئىقتىدارىمۇ ئاشىدۇ، تاكى قىرانىغا يەتكەنگە قەدەر مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ.

⑤ ئىنسانغا مەزكۇر ئاڭلاش، كۆرۈش، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە

باشقا ئەزالارنىڭ ئاتا قىلىنىشىدىكى سەۋەب، ئىنسان بۇ ئەزالارنى ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتسۇن ۋە بۇ ئەزالار ئارقىلىق ئاللاھقا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلسۇن ئۈچۈندۇر. شۇنداق قىلغان ئىنسان ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ئەمەلىي شۈكۈر قىلغان بولىدۇ. بىر ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا تاجاۋۇز قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا ئۇرۇش ئاچقان بولىدۇ. مەن پەرز قىلغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق بەندەمنىڭ ماڭا يېقىنلاشقانلىقىدىنمۇ ئارتۇق يېقىنلىشىش بولمايدۇ. بەندەم نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىقمۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. ئەگەر مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن. ئۇ مەندىن بىر نەرسە سورىسا، مەن ئۇنى چوقۇم ئۇنىڭغا بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىرەر نەرسىدىن سېغىنىپ پاناھ تىلىسە، مەن ئۇنىڭغا چوقۇم پاناھلىق بېرىمەن.» (سەھىھۇل بۇخارى 6502-ھەدىس)

بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ھەدىستىن خاتا چۈشەنچە ئېلىپ، ئاللاھنىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرىنى ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھەدىس بايان قىلغان ئۇقۇم شۇكى، بەندە تائەت-ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلسا، ئۇنىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكىتى ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بولىدۇ. قۇلىقى بىلەن پەقەت ئاللاھ رۇخسەت قىلغان نەرسىنى ئاڭلايدۇ، كۆزى بىلەن پەقەت ئاللاھ كۆرۈشكە ئىجازەت بەرگەن نەرسىنى كۆرىدۇ، قولى بىلەنمۇ شەرىئەتكە ئۇيغۇن نەرسىنىلا تۇتىدۇ، پۇتى بىلەن ماڭغان يولىمۇ، پەقەت شەرىئەت راۋا كۆرگەن يول بولىدۇ. ئۇ مەزكۇر نېمەتلەرنى ئاللاھ چەكلىگەن يوللارغا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ بۇيرىغان يوللارغىلا ئىشلىتىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇنىڭ ياردەمچىسى ۋە مەدەتكارى بولىدۇ.

أَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَى ٱلطَّيۡرِ مُسَخَّرَٰتٖ فِي جَوِّ ٱلسَّمَآءِ مَا يُمۡسِكُهُنَّ إِلَّا
ٱللَّهُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٧٩﴾ وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنۢ
بُيُوتِكُمۡ سَكَنٗا وَجَعَلَ لَكُم مِّن جُلُودِ ٱلۡأَنۡعَٰمِ بُيُوتٗا
تَسۡتَخِفُّونَهَا يَوۡمَ ظَعۡنِكُمۡ وَيَوۡمَ إِقَامَتِكُمۡ وَمِنۡ أَصۡوَافِهَا

وَأَوۡبَارِهَا وَأَشۡعَارِهَآ أَثَٰثٗا وَمَتَٰعًا إِلَىٰ حِينٖ ﴿٨٠﴾

*ئۇلار قۇشلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا بويسۇندۇرۇلغان ھالدا (ئۇچۇۋاتقانلىقىنى) كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنى (چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت ئاللاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ①، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار [79]. ئاللاھ سىلەرگە ئۆيۈڭلارنى ئارام ئالىدىغان جاي قىلىپ بەردى، سىلەرگە يەنە چارۋىلارنىڭ تېرىلىرىدىن كۆچكەن كۈنۈڭلاردىمۇ، تۇرغان كۈنۈڭلاردىمۇ ئوڭايلا توشۇپ كېتەلەيدىغان ئۆيلەرنى (چېدىرلارنى) قىلىپ بەردى② ۋە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ تىۋىتلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ چۇپۇرلىرىدىن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە (ئۆلۈم كەلگۈچە ياكى ئۇلار كونىراپ تۈگىگىچە) پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردى③ [80].*

① قۇشلارنى ئاسمان بوشلۇقىدا ئەنە شۇنداق ئۇچالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغان ۋە ھاۋانى قۇشلارنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان قىلىپ بەرگەن زات ئاللاھ تائالادۇر.

② يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە سەپەرلەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن چارۋا ماللارنىڭ تېرىلىرىدىن چېدىرلەرنى قىلىپ بەردى. ئۇ چېدىرلەردە سىلەر ھەر پەسىلنىڭ ئىسسىق-سوغۇق ۋە بوران-يامغۇرلىرىدىن ئۆزۈڭلارنى قوغدايسىلەر.

③ "صُوفٌ "نىڭ كۆپلۈكى ﴿اَصْوَافِ﴾ قوينىڭ يۇڭلىرى، " وَبَرٌ "نىڭ كۆپلۈكى ﴿اَوْبَارِ﴾ تۆگىنىڭ تىۋىتلىرى، " شَعَرٌ"نىڭ كۆپلۈكى ﴿اَشْعَارِ﴾ ئۆچكىنىڭ يۇڭى ۋە چۇپۇرلىرى دېگەن مەنىدە. يەنى سىلەر مەزكۇر يۇڭلاردىن ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى ياسايسىلەر، ئۇلاردىن ئىقتىسادىي كىرىممۇ قىلىسىلەر، ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە پايدىلىنىسىلەر.

وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّمَّا خَلَقَ ظِلَٰلٗا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلۡجِبَالِ

أَكۡنَٰنٗا وَجَعَلَ لَكُمۡ سَرَٰبِيلَ تَقِيكُمُ ٱلۡحَرَّ وَسَرَٰبِيلَ تَقِيكُم
بَأۡسَكُمۡۚ كَذَٰلِكَ يُتِمُّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تُسۡلِمُونَ ﴿٨١﴾ فَإِن
تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا عَلَيۡكَ ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿٨٢﴾ يَعۡرِفُونَ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ ثُمَّ
يُنكِرُونَهَا وَأَكۡثَرُهُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨٣﴾ وَيَوۡمَ نَبۡعَثُ مِن كُلِّ أُمَّةٖ
شَهِيدٗا ثُمَّ لَا يُؤۡذَنُ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ وَلَا هُمۡ يُسۡتَعۡتَبُونَ ﴿٨٤﴾

*ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەر (يەنى دەرەخلەر، تاغلار ۋە بىنالار) دىن (كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلىنىدىغان) سايىلەرنى قىلىپ بەردى① . تاغلاردىن سىلەرگە (غار، ئۆڭكۈرگە ئوخشاش) تۇرالغۇ قىلىدىغان جايلارنى ھازىرلاپ بەردى. سىلەرنى ئىسسىقتىن (ۋە سوغۇقتىن) ساقلايدىغان كىيىملەرنى، ئۇرۇشتا سىلەرنى مۇداپىئە قىلىدىغان ساۋۇتلارنى تەييارلاپ بەردى② . ئاللاھ سىلەرنى ئىتائەت قىلسۇن دەپ، سىلەرگە ئەنە شۇنداق مۇكەممەل نېمەتلەرنى بېرىدۇ [81]. (ئى پەيغەمبەر! شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇنىڭغا غەمكىن بولمىغىن)، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت دىنىنى ئوچۇق - ئاشكارا يەتكۈزۈشتۇر [82]. ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىنى تونۇيدۇ، ئاندىن (ئاللاھتىن باشقا بىرىگە ئىبادەت قىلىش بىلەن) ئۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى كاپىرلاردۇر③ [83]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا قىيامەتنى ئەسلەتكىنكى) ئۇ كۈندە ھەر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلتۈرىمىز④ ، ئاندىن كاپىرلارغا (ئۆزرە ئېيتىشقا) رۇخسەت قىلىنمايدۇ ھەمدە ئۇلاردىن (رەببىنى) رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ [84].*

① يەنى شۇ دەرەخلەردىن ھاسىل بولغان سايىلەردىن مەنپەئەتلىنىسىلەر.

② يۇڭ ۋە پاختىدىن ئىشلەنگەن كىيىملەرنى ئادەتتىكى ۋاقىتتا كىيىسىلەر، تۆمۈر پارچىلىرىدىن ياسالغان ساۋۇتلارنى جەڭلەردە كىيىسىلەر.

③ يەنى ئۇلار بارلىق نېمەتلەرنى ياراتقۇچى ۋە ئۇلارنى قوللىنىشچان مەھسۇلات قىلىپ تەييارلاشقا ئىقتىدار ئاتا قىلغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالا

دەپ تونۇيدۇ، شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، كۆپىنچە تۇزكورلۇق قىلىدۇ، يەنى ئاللاھنى قويۇپ، باشقىلارغا ئىبادەت قىلىدۇ.

④ ھەر بىر ئۇممەتكە شۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئەمرى-پەرمانىنى يەتكۈزگەنلىكى ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (بۇ نۇقتا 89-ئايەتنىڭ شەرھىسى ۋە سۇرە نىسا41 -ئايەتنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى) قىيامەت كۈنى ئۇ كاپىرلارغا ئۆزرە ئېيتىشقا رۇخسەتمۇ قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئەمىلىيەتتە ئۇلاردا ھېچقانداق ئۆزرە ياكى ھۆججەت بولمايدۇ. ئۇلاردىن خاتالىقنى يۇيۇش ياكى كۇفرىدىن قايتىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ قالمايدۇ. ناۋادا بىرسىگە مەلۇم مۇددەتكىچە پۇرسەت بېرىلىدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن كۇفرىدىن قايتىشنى تەلەپ قىلىش زۆرۈر بولاتتى. ﴿وَلَا هُمۡ يُسۡتَعۡتَبُونَ﴾ نىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇ چاغدا ئۇلارغا رەببىنى رازى قىلىشقا پۇرسەت بېرىلمەيدۇ. چۈنكى مەزكۇر پۇرسەت ئۇلارغا دۇنيادا بېرىلىپ بولغان، دۇنيا بولسا، دارۇلئەمەل-ئەمەل قىلىدىغان جاي؛ ئاخىرەت بولسا، دارۇلئەمەل ئەمەس، بەلكى دارۇلجازا-جازالىنىدىغان ياكى مۇكاپاتلىنىدىغان جايدۇر. ئۇ يەردە دۇنيادا قىلغان ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتى بېرىلىدۇ، ئۇ يەردە ھېچكىمگە ئەمەل قىلىشقا پۇرسەت بېرىلمەيدۇ.

وَإِذَا رَءَا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلۡعَذَابَ فَلَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمۡ وَلَا هُمۡ
يُنظَرُونَ ﴿٨٥﴾ وَإِذَا رَءَا ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ شُرَكَآءَهُمۡ قَالُواْ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ
شُرَكَآؤُنَا ٱلَّذِينَ كُنَّا نَدۡعُواْ مِن دُونِكَۖ فَأَلۡقَوۡاْ إِلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلَ إِنَّكُمۡ
لَكَٰذِبُونَ ﴿٨٦﴾ وَأَلۡقَوۡاْ إِلَى ٱللَّهِ يَوۡمَئِذٍ ٱلسَّلَمَۖ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ
يَفۡتَرُونَ ﴿٨٧﴾

*(كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (ئازاب) ئۇلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ① [85]. مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىكلىرىنى (يەنى ئاللاھقا شېرىك*

*قوشۇۋالغان نەرسىلىرنى) كۆرگەن چاغدا: «ئى رەببىمىز! بۇلار بىزنىڭ سېنى قويۇپ چوقۇنغان شېرىكلىرىمىز (يەنى بۇتلىرىمىز) دۇر» دەيدۇ، شېرىكلىرى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «شەكسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ② [86]. شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغلىرىدا: ‹مەبۇدلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ› دەپ) ئويدۇرغان نەرسىلىرى يوققا چىقىدۇ [87].*

① «يېنىكلىتىلمەيدۇ» نىڭ مەنىسى، ئۇلارغا بىردەممۇ ئارام بېرىلمەستىن، توختىتىپ قويۇلماستىن، داۋاملىق ئازاب بولۇپ تۇرىدۇ. «كېچىكتۈرۈلمەيدۇ» نىڭ بىر مەنىسى، تېز سۈرئەتتە ئۇلار تۇرغان ئورنىدىلا كوكۇلىسىدىن تۇتۇلۇپ، زەنجىرلەر بىلەن باغلىنىپ، جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، تەۋبە قىلىشقا پۇرسەت بېرىلمەيدۇ، چۈنكى ئاخىرەت ئەمەل قىلىدىغان جاي ئەمەس بەلكى جازالىنىدىغان ياكى مۇكاپاتلىنىدىغان جايدۇر.

② باتىل مەبۇدلارغا يەنى بۇتلارغا چوقۇنغان مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دەۋاسىدا يالغانچى بولمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىدا ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ چوقۇنغان بۇتلىرى ئۇلارنى: «سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ. شېرىكلىرىنىڭ ئۇلارنى «يالغانچىسىلەر» دېيىشىدىكى سەۋەب، بىر بولسا، شېرىكچىلىكنى ئىنكار قىلىش يۈزىسىدىن بولىدۇ، يەنى بىزنى ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دېگەن سۆزۈڭلاردا يالغانچىسىلەر، بىزدىن كىممۇ ئاللاھنىڭ شېرىكى بولالىسۇن؟ دېمەكچى. ياكى باتىل مەبۇدلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى «يالغانچىسىلەر» دەيدۇ. بۇ نۇقتا قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئايەتتە بايان قىلىنغان: ﴿سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ كۇپايىكى، سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنۇشۇڭلاردىن بىز غاپىل ئىدۇق (يەنى بىز كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان، ھېس قىلمايدىغان جانسىز ئىدۇق)﴾. (سۈرە يۇنۇس29 ـ ئايەت) (تېخىمۇ تەپسىلىي مەزمۇنىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە ئەھقاف 5 ـ، 6 ـ ئايەتلەر، سۈرە مەريەم 81 ـ، 82 ـ ئايەتلەر، سۈرە ئەنكەبۇت 25 ـ ئايەت، سۈرە كەھف52 ـ ئايەت ۋە باشقا ئايەتلەرگە قارالسۇن) ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: بىز سىلەرگە ھېچقاچان بىزگە

چوقۇنۇۋاتقانلار دېگەن ئەمەس، شۇڭا ئۇلار يالغانچىسىلەر. ئەگەر ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرى تاش ۋە دەرەخ بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا سۆزلەش ئىقتىدارى ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار جىن-شەيتانلار بولسا، ئۇلارمۇ سۆزلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ياخشى بەندىلەر بولسا، مەسىلەن: كىشىلەر ئۇلۇغلايدىغان، قەبرىلىرىگە بېرىپ، خۇددى مەبۇدقا چوقۇنغاندەك قورقۇنچ ۋە ئۈمىدكە تولغان ھالدا تازىم قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىر قىلىدىغان بۈزرۈك، سالىھ، تەقۋادار، ئەۋلىيا بەندىلەر بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىنى مەھشەر مەيدانىغا جەم قىلىپ سۆزلىتىدۇ، ئۇلارغا چوقۇنغانلارنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ. سۈرە مائىدەنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان سوئالى ۋە ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ زِدۡنَٰهُمۡ عَذَابٗا فَوۡقَ
ٱلۡعَذَابِ بِمَا كَانُواْ يُفۡسِدُونَ ﴿٨٨﴾ وَيَوۡمَ نَبۡعَثُ فِي كُلِّ أُمَّةٖ شَهِيدًا
عَلَيۡهِم مِّنۡ أَنفُسِهِمۡۖ وَجِئۡنَا بِكَ شَهِيدًا عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِۚ وَنَزَّلۡنَا
عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ تِبۡيَٰنٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ وَبُشۡرَىٰ
لِلۡمُسۡلِمِينَ ﴿٨٩﴾ ۞ إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَٱلۡإِحۡسَٰنِ وَإِيتَآيِٕ ذِي
ٱلۡقُرۡبَىٰ وَيَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡبَغۡيِۚ يَعِظُكُمۡ لَعَلَّكُمۡ
تَذَكَّرُونَ ﴿٩٠﴾

*(ھەق دىننى) ئىنكار قىلغان ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارنى ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ جازالايمىز① [88]. (ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى) ئۇ كۈندە بىز ھەربىر ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرىگە قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت (يەنى پەيغەمبەر) كەلتۈرىمىز. (شۇ كۈندە) سېنىمۇ بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭگە) شاھىت قىلىپ كەلتۈرىمىز②. بىز ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ*

*بېرىدىغان③، (دەلىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت ۋە مۇسۇلمانلارغا (مەڭگۈلۈك سائادەت بولغان جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر قىلىپ نازىل قىلدۇق [89]. شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولۇشقا، (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلىشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا (ياردەم) بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ④. نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ [90].*

① مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىلىرى پەرقلىق بولغاندەك كاپىرلارنىڭمۇ دوزاختىكى ئازابلىرى پەرقلىق بولىدۇ. كىمكى ئۆزى گۇمراھ بولۇپ، باشقىلارنىڭمۇ گۇمراھ بولۇشىغا سەۋەب بولغان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئازاب باشقىلارنىڭكىدىن قاتتىقراق بولىدۇ.

② يەنى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز ئۈممىتىگە گۇۋاھچى بولىدۇ. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتى پەيغەمبەرلەر ھەققىدە: ئۇلار راست ئېيتىدۇ، شەكسىزكى، ئۇلار سېنىڭ ئەمرىڭنى بىزگە يەتكۈزدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

③ «كىتابنى» دېگەندىن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى شەرھىلەپ ئېيتقان سۆزلىرى (ھەدىسلىرى) مەقسەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرىنىمۇ «ئاللاھنىڭ كىتابى» دەپ ئاتىدى، ئەسىر قىسسىسى ۋە باشقا ھەدىسلەردە كەلگەندەك (سەھىھۇل بۇخارى، 6859-ھەدىسكە قارالسۇن) ﴿ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان﴾ يەنى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا مۇھىم ۋە پايدىلىق بىلىملەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، شۇنىڭدەك ھالال ۋە ھارامنىڭ تەپسىلاتىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كىشىلەر موھتاج بولىدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىدىغان دېمەكتۇر. قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن بايان قىلىنغاندۇر.

④ ﴿الْعَدْلِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ تونۇلغان مەنىسى، ئىنساپ قىلىش دېمەكتۇر. يەنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا ۋە ياتلارغا، ھەممىگە ئادىل بولۇش، ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، ياخشى كۆرگەنلىك

ياكى تۇغقاندارچىلىق سەۋەبىدىن ئادالەتنى مەجرۇھ قىلماسلىق، ناھەق تەرەپكە يان باسماسلىقتۇر. يەنە بىر مەنىسى، مۆتىدىل ۋە ئوتتۇرھال بولۇش، يەنى ھېچبىر ئىشتا كەمتۈكلۈك ياكى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش بولماسلىق، ھەتتا دىنىي ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىشتىمۇ ئوتتۇرھال بولۇش. چۈنكى دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ نەتىجىسى ھەددىدىن ئېشىشقا ئېلىپ بارىدۇ، بۇ قاتتىق ئەيىبلەنگەن بىر ئىشتۇر، دىندا سۇسلۇق قىلىپ، ئەمەلنى كەمتۈك قىلىشمۇ توغرا ئەمەستۇر. ﴿الْإِحْسَانِ﴾ نىڭ بىر مەنىسى ياخشىلىق قىلىش، كەچۈرۈم قىلىش، ساخاۋەت قىلىش، بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش. يەنە بىر مەنىسى ئارتۇق بېرىشتۇر، يەنى بەلگىلەنگەن ھەقتىن ئارتۇق بېرىش، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداش. مەسىلەن: بىر مۇلازىمەتكە بەلگىلەنگەن ئىش ھەققى 100 سوم بولسا، ئۇنىڭغا 10-20 سوم ئارتۇق بېرىش. دېمەك خىزمەتچىگە بەلگىلەنگەن ئىش ھەققىنى بېرىش پەرز ھەم ئادالەت ھېسابلانسا، 10-20 سوم ئارتۇق بېرىش ئېھسان ھېسابلىنىدۇ. ئادالەت بىلەن جەمئىيەتتە مۇقىملىق ۋە خاتىرجەملىك بەرپا بولسا؛ بۇ خىل ئېھسان بىلەن ئىنساننىڭ رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئاشىدۇ، ئۆزىدىن باشقىلارنى ئەۋزەل بىلىش ۋە پىداكارلىق روھى تېخىمۇ يۇكسىلىدۇ. شۇنىڭدەك پەرز ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بىرگە نەپلە ئىبادەتلەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش بەلگىلەنگەن ۋاجىبتىن ئارتۇق ئەمەل بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھقا خۇسۇسىي يېقىنلىق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئېھساننىڭ ئۈچىنچى مەنىسى، ئەمەلدە سەممىي بولۇش، ئىبادەتتە تەلەپكە لايىق بولۇش دېمەكتۇر، ئېھساننىڭ مەنىسى ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھقا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىش.» (سەھىھۇل بۇخارى، 4777-ھەدىس) ﴿إِيتَآيِ ذِي الْقُرْبَىٰ﴾ «ئۇرۇق-تۇغقانلارغا (ياردەم) بېرىش» يەنى ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش دېمەكتۇر. «ئۇرۇق-تۇغقانلارغا (ياردەم) بېرىش» ھەدىسلەردە خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىش دەپ ئاتالغان بولۇپ، قاتتىق تەكىتلەنگەن ئەمەلدۇر. بۇ ئايەتتە ئادالەت بىلەن ئېھساندىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياردەم بېرىشنىڭ ئايرىم كەلتۈرۈلگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿الْفَحْشَآءِ﴾ دېگەن قەبىھ سۆز-ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ، بۇ كۈنلەردە ھاياسىزلىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇنىڭغا مەدەنىيەت، تەرەققىيات، سەنئەت دېگەندەك چىرايلىق ناملار قويۇلدى ياكى «كۆڭۈل ئېچىش»نى باھانە قىلىپ، جايىز دەپ قوبۇل قىلىندى، ھالبۇكى بىر

نەرسىگە چىرايلىق ماركا چاپلاپ قويۇش ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىسلام شەرىئىتى زىنانى ھارام قىلغاندەك ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللاردىن ئۇسسۇل ئويناش، ھىجاپسىز يۈرۈش، مودا قوغلىشىش، ئەر-ئاياللارنىڭ قويۇق ئارىلىشىشى قاتارلىق ھەر خىل خۇراپاتلىقلارنى ھاياسىزلىق ۋە قەبىھ سۆز-ھەرىكەت نۇقتىسىدىن چەكلىگەن. ئۇلارغا ھەر قانچە چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇۋالسىمۇ، غەربتىن ئىمپورت قىلىنغان چىركىن ئىللەتلەر ھەرگىز جايىزلىق دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ. ﴿الْمُنْكَرِ﴾ شەرىئەت جايىز ئەمەس دەپ چەكلىگەن ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الْبَغْيِ﴾ نىڭ مەنىسى زۇلۇم قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىش دېمەكتۇر. بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش ۋە زۇلۇم قىلىش بولسا، ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدىغان گۇناھلاردىن بولۇپ، (سادىر قىلغانلار) ئاخىرەتتىكى ئازابتىن باشقا دۇنيادىمۇ ئاللاھنىڭ جازاسىغا دۇچار بولۇش ئېھتىمالى چوڭدۇر». (سۈنەنى ئىبنى ماجە 4211-ھەدىس)

وَأَوْفُوا۟ بِعَهْدِ ٱللَّهِ إِذَا عَـٰهَدتُّمْ وَلَا تَنقُضُوا۟ ٱلْأَيْمَـٰنَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا وَقَدْ جَعَلْتُمُ ٱللَّهَ عَلَيْكُمْ كَفِيلًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ ﴿٩١﴾

***سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەندە، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار ۋە قەسەمڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، (ئۇنتۇماڭلاركى) سىلەر ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار① . شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ [91].***

① قەسەم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى: كىشىلەر قانداق بىر ئىشقا ۋەدە قىلغان، ئەھدە قىلغان ۋە كېلىشىم تۈزگەن چاغدا ئۇنى كۈچلەندۈرۈش ۋە كېلىشىمگە سادىق بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىلغان قەسەمدۇر. ئىككىنچىسى: ھەر قاچان ئىنسان ئۆزلىكىدىن بىر ئىش قىلىشنى ئىرادە قىلغان چاغدا، مۇشۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن ياكى قىلمايمەن دەپ قىلغان قەسەمدۇر. بۇ ئايەتتە بىرىنچى تۈردىكى قەسەم كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، سىلەر قەسەم قىلىپ، ئەھدەڭلەرگە ئاللاھنى گۇۋاھ قىلدىڭلار، ئەمدى ئۇنى بۇزساڭلار بولمايدۇ، ئەمدى قىلغان ئەھدىگە

ۋاپا قىلىشىڭلار لازىم، دېيىلدى. ئىككىنچى تۈردىكى قەسەم ھەققەدە مۇنداق ھەدىسلەر كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك - شۈبھىسىز ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بىرەر ئىش توغرىسىدا قەسەم ئىچىپ ئاندىن باشقا بىر ئىشنى ئۇ ئىشتىن ياخشىراق دەپ قارىسام، ياخشىراق دەپ قارىغان ئىشنى قىلىمەن ۋە قەسىمىمدىن ۋاز كېچىمەن، يەنە بىر رىۋايەتتە، قەسىمىمنىڭ كاپارىتىنى بېرىمەن». (سەھىھ مۇسلىم-1650 ھەدىس) مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولى ئىدى. (سەھىھۇل بۇخارى6649 -ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1649-ھەدىسكە قارالسۇن)

وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّتِي نَقَضَتۡ غَزۡلَهَا مِنۢ بَعۡدِ قُوَّةٍ أَنكَٰثٗا تَتَّخِذُونَ أَيۡمَٰنَكُمۡ دَخَلَۢا بَيۡنَكُمۡ أَن تَكُونَ أُمَّةٌ هِيَ أَرۡبَىٰ مِنۡ أُمَّةٍۚ إِنَّمَا يَبۡلُوكُمُ ٱللَّهُ بِهِۦۚ وَلَيُبَيِّنَنَّ لَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَا كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ ﴿٩٢﴾ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَلَٰكِن يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَلَتُسۡـَٔلُنَّ عَمَّا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٩٣﴾

*سىلەر بىر جامائەنىڭ (سان ۋە مال - مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ①، قەسەمىڭلارنى ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىپ②، (مۇستەھكەم ئەھدىنى بۇزۇپ) پىششىق ئېگىرگەن يىپىنى چۇۋۇۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار③، شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى بۇنىڭ (يەنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەمرى) بىلەن سىنايدۇ، سىلەر دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى قىيامەت كۈنى سىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىدۇ [92]. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) بىر ئۇممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، لېكىن (ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشنى تەقەززا قىلىدى) ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، سىلەر (قىيامەت كۈنى) ھەربىر قىلمىشىڭلار ئۈستىدە چوقۇم سوراققا تارتىلىسىلەر [93].*

① ﴿أَرْبَىٰ﴾ كۆپرەك دېگەن مەنىدە. يەنى سىلەرنىڭ سانىڭلار باشقىلاردىن كۆپرەك بولۇپ كەتسە، ئۆزۈڭلارنى كۈچلۈك ھېسابلاپ ئەھدىنى بۇزىسىلەر، ۋەھالەنكى باشقىلار ئەھدىنى تۈزگەندە ئاز ۋە ئاجىز ئىدى، لېكىن ئاجىز بولسىمۇ، ئەھدە بولغانلىقى ئۈچۈن خاتىرجەم ئىدى، بىزگە زىيان-زەخمەت يەتمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى، ئەمما سىلەر ئالدامچىلىق بىلەن ئەھدىنى بۇزۇش ئارقىلىق ئۇلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىسىلەر. جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ خىلدىكى ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىقتەك ناچار قىلمىشلار كۆپ ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن چەكلەندى.

② قەسەمنى ئالدامچىلىق ۋە ھىيلە-مىكىرنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىسىلەر.

③ يەنى چىڭ ئەھدە قىلىپ، قەسەم ئىچكەندىن كېيىن ئۇنى بۇزۇش، خۇددى يېپنى ئېگىرىپ بولغاندىن كېيىن بۇزۇۋېتىدىغان ئايالنىڭ قىلمىشىغا ئوخشايدۇ. بۇ چىڭ ئەھدە بېرىپ، ئۇنى قەسەم بىلەن تەكىتلەپ بولغاندىن كېيىن، ئەھدىنى بۇزغان كىشى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بىر مىسالدۇر.

وَلَا تَتَّخِذُوٓاْ أَيۡمَٰنَكُمۡ دَخَلَۢا بَيۡنَكُمۡ فَتَزِلَّ قَدَمُۢ بَعۡدَ ثُبُوتِهَا
وَتَذُوقُواْ ٱلسُّوٓءَ بِمَا صَدَدتُّمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَكُمۡ عَذَابٌ
عَظِيمٞ ﴿٩٤﴾ وَلَا تَشۡتَرُواْ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ ثَمَنٗا قَلِيلًاۚ إِنَّمَا عِندَ ٱللَّهِ هُوَ
خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٩٥﴾ مَا عِندَكُمۡ يَنفَدُ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ
بَاقٖۗ وَلَنَجۡزِيَنَّ ٱلَّذِينَ صَبَرُوٓاْ أَجۡرَهُم بِأَحۡسَنِ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٩٦﴾
مَنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا مِّن ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَلَنُحۡيِيَنَّهُۥ حَيَوٰةٗ
طَيِّبَةٗۖ وَلَنَجۡزِيَنَّهُمۡ أَجۡرَهُم بِأَحۡسَنِ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٩٧﴾ فَإِذَا
قَرَأۡتَ ٱلۡقُرۡءَانَ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ﴿٩٨﴾

*قەسەمڭلارنى ئۆز ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار، بولمىسا قەدىمىڭلار (ئىسلامدا) مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن تېيىلىپ كېتىدۇ، (يامان ئۆرنەك بولۇپ، كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقىڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) جازاسىنى تېتىيسىلەر،*

***(ئاخىرەتتە بولسا) چوڭ ئازابقا قالىسىلەر① [94]. سىلەر ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئەرزىمەس نەرسىگە سېتىۋەتمەڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى (مۇكاپات) ھەقىقەتەن سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر [95]. سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. (ۋەدىگە ۋاپا قىلىش قاتارلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتا) چىداملىق بولغۇچىلارغا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپات بېرىمىز [96]. ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) كۆڭۈللۈك بىر ھاياتتا ياشىتىمىز② ۋە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە چوقۇم مۇكاپاتلايمىز [97]. سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتان )نىڭ ئازدۇرۇشى) دىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن③ [98].***

① بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلار يەنە مەزكۇر ئەھدىنى بۇزۇشتىن چەكلىنىۋاتىدۇ، يەنى سىلەرنىڭ ئەھدىنى بۇزغانلىقىڭلار، باشقىلارنىڭ تەۋرىنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولمىسۇن، كاپىرلار بۇ ئەخلاقسىزلىقنى كۆرۈپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن يالتىيىپ قالمىسۇن، شۇ تەرىقىدە سىلەر كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقۇچى گۇناھكار بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسىغا لايىق بولۇپ قالماڭلار. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى ﴿أَيْمَانَ﴾ " يَمِيْنٌ " «قەسەم»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان بەيئەت مەقسەت قىلىنىدۇ، يەنى پەيغەمبەرگە قىلغان بەيئەتنى بۇزۇپ، مۇرتەد بولۇپ كەتمەڭلار، سىلەرنىڭ دىنىدىن يانغانلىقىڭلارنى كۆرگەن باشقا كىشىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن يالتىيىپ قالمىسۇن! ئۇنداق قىلساڭلار، ئىككى ھەسسە ئازابقا لايىق بولۇپ قالىسىلەر. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ ئايەتتىكى ﴿حَيَوٰةً طَيِّبَةً﴾ «كۆڭۈللۈك بىر ھاياتتا ياشىتىمىز» دېگەن دۇنيادا ئوبدان ياشىتىشنى كۆرسىتىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئاخىرەتتىكى ساۋاب ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىدە ئايرىم بايان قىلىندى. دېمەك مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە دۇنيادا پاك ياشاشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. پاك ياشاش دېگەن

ھالال رىزىق، قانائەتچانلىق، ھەقىقىي ئىززەت، ئەمىنلىك، خاتىرجەملىك، پاك قەلب، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى، تائەتنىڭ لەززىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، يەنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئاخىرەت ھاياتىلا ئەمەس بەلكى دۇنيا ھاياتىمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋە خاتىرجەم ئۆتىدۇ. ئۇنداق خاتىرجەملىككە كاپىر ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتمايدىغانلار ئېرىشەلمەيدۇ. گەرچە ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق قولاي شارائىتلارغا ئىگە بولسىمۇ، بىر خىل ئەندىشە ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ياشايدۇ. ﴿كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ﴾. (سۈرە تاھا124 ـ ئايەت)

③ يەنى قۇرئان ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن پاناھ تىلىگىن، يەنى ﴿اَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطٰنِ الرَّجِيْمِ﴾نى ئوقۇغىن. گەرچە خىتاب بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى پۈتۈن ئۈممەتكە ئومۇمىيدۇر.

إِنَّهُۥ لَيْسَ لَهُۥ سُلْطَٰنٌ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٩٩﴾
إِنَّمَا سُلْطَٰنُهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ يَتَوَلَّوْنَهُۥ وَٱلَّذِينَ هُم بِهِۦ مُشْرِكُونَ ﴿١٠٠﴾
وَإِذَا بَدَّلْنَآ ءَايَةً مَّكَانَ ءَايَةٍ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا يُنَزِّلُ قَالُوٓاْ إِنَّمَآ أَنتَ
مُفْتَرٍۭ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٠١﴾ قُلْ نَزَّلَهُۥ رُوحُ ٱلْقُدُسِ مِن
رَّبِّكَ بِٱلْحَقِّ لِيُثَبِّتَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهُدًى وَبُشْرَىٰ لِلْمُسْلِمِينَ ﴿١٠٢﴾

***شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ۋە رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار (يەنى تايانغۇچىلار) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى رەببىگە چىن يۆلەنگەن مۇئمىنلەرگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ) [99]. شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئازدۇرۇشى) بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ [100]. بىز بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىنىمىزدا (يەنى بىر ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈمنى چۈشۈرگىنىمىزدە)،***

*— ئاللاھ ئۆزىنىڭ نازىل قىلىدىغان ئايەتلىرىنى (يەنى شۇ ھۆكۈمدە بەندىگە نېمە مەنپەئەت ۋە ھېكمەت بارلىقىنى) ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ — ئۇلار: «(پەيغەمبەرگە) سەن ئويدۇرمىچىسەن» دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنداق قىلىشىمىزدىكى ھېكمەتنى) بىلمەيدۇ① [101]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىل)② ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىنى مۇستەھكەم قىلىش③، مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارغا خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن④، رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىن راستچىللىق بىلەن ئېلىپ چۈشتى [102].*

① يەنى ئاللاھ تائالا بىر ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈم نازىل قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئەھكاملىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. كاپىرلار: ئى مۇھەممەد! بۇ ئۆزۈڭ توقۇۋالغان كالام ئىكەن، ئاللاھ مۇنداق قىلمايدۇ، دەيدۇ. بۇ يەردە ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، دېيىلدىكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىلمەسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىكى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى ۋە پايدىسىنى ئۇقمايدۇ. (تەپسىلاتى ئۈچۈن سۈرە بەقەرە 106-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

② يەنى بۇ قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن توقۇلغان كالام ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىشەنچلىك، پاك، ئۇلۇغ پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن ئېلىپ چۈشكەندۇر. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴾. (سۈرە شۇئەرا 193-، 194-ئايەتلەر)

③ شۇ ۋەجىدىن ئىمان ئېيتقانلار ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەت ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چۈشكەن ئايەت ھەممىسى ئاللاھ تەرەپتىن دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتىكى ھېكمەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچىيىپ، ئىسلام يولىدا تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

④ بۇ قۇرئان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھىدايەت ۋە بېشارەت بېرىدىغان كىتابتۇر، چۈنكى قۇرئانمۇ يامغۇرغا ئوخشاش بولۇپ، يامغۇر چۈشكەن بىر قىسىم يەرلەردىن ئوبدان زىرائەتلەر ئۈنۈپ چىقسا؛ يەنە بىر قىسىم

يەرلەردىن ئوت-چۆپتىن باشقا ھېچنەرسە ئۈنمەيدۇ. مۆئمىنىنىڭ دىلى پاك ۋە يورۇق بولۇپ، قۇرئاننىڭ بەرىكىتى ۋە ئىماننىڭ نۇرى بىلەن پارلاپ تۇرىدۇ؛ كاپىرنىڭ دىلى شور باسقان يەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى كۇفرى-زالالەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان بولىدۇ، ئۇنىڭغا قۇرئاننىڭ نۇرىمۇ تەسىر قىلمايدۇ.

وَلَقَدۡ نَعۡلَمُ أَنَّهُمۡ يَقُولُونَ إِنَّمَا يُعَلِّمُهُۥ بَشَرٞۗ لِّسَانُ ٱلَّذِي يُلۡحِدُونَ
إِلَيۡهِ أَعۡجَمِيّٞ وَهَٰذَا لِسَانٌ عَرَبِيّٞ مُّبِينٌ ﴿١٠٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ
بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ لَا يَهۡدِيهِمُ ٱللَّهُ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٠٤﴾ إِنَّمَا يَفۡتَرِي
ٱلۡكَذِبَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰذِبُونَ ﴿١٠٥﴾
مَن كَفَرَ بِٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ إِيمَٰنِهِۦٓ إِلَّا مَنۡ أُكۡرِهَ وَقَلۡبُهُۥ مُطۡمَئِنُّۢ
بِٱلۡإِيمَٰنِ وَلَٰكِن مَّن شَرَحَ بِٱلۡكُفۡرِ صَدۡرٗا فَعَلَيۡهِمۡ غَضَبٞ مِّنَ
ٱللَّهِ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿١٠٦﴾

***بىز ئۇلارنىڭ: «قۇرئاننى ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە) بىر ئىنسان ئۆگىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز①، ئۇلار (مۇھەممەدكە ئۆگىتىپ تۇرىدۇ) دەۋاتقان ئادەمنىڭ تىلى (ئەرەبچە ئەمەس) ئەجەمچىدۇر، ھالبۇكى بۇ (قۇرئان) بولسا ئېنىق ئەرەب تىلىدۇر② [103]. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە (يەنى قۇرئانغا) ئىشەنمەيدىغانلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ئەلەملىك ئازاب بار [104]. پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا (ئاللاھ نامىدىن) يالغاننى توقۇيدۇ، ئەنە شۇلار يالغانچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر③ [105]. كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ). قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپ، مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا④، لېكىن، كىمكى كۆڭلىنى كۇفرىغا ئاچىدىكەن (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن)، ئۇلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ⑤ [106].***

① تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن خەۋەرى بار بىر قۇل خىزمەتكار بولۇپ، ئىلگىرى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ئىدى، كېيىن مۇسۇلمان بولغان، ئەمما ئۇنىڭ تىلى ئەرەبچە ئەمەس، ئەرەبچىنىمۇ ئۇ قەدەر پاساھەتلىك بىلمەيتتى. مەككە مۇشرىكلىرى ئەنە شۇ قۇل مۇھەممەدكە قۇرئاننى ئۆگىتىپ تۇرىدۇ، دەپ بىلجىرلىدى.

② ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بەردى. يەنى ئۇلار نامىنى تىلغا ئالغان ئادەم ياكى ئادەملەر ئەرەب تىلىنى پاساھەت بىلەن سۆزلىيەلمەيدۇ. ھالبۇكى قۇرئان بولسا ئۇچۇق ئەرەب تىلىدا، بالاغەت ۋە پاساھەتتە تەڭداشسىزدۇر. قۇرئاننىڭ سۈرىسىگە ئوخشايدىغان بىر سۈرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىش ئەرەبلەردىن تەلەپ قىلىنسا، پۈتۈن دۇنيادىكى تىلشۇناسلار ۋە ئەدىبلەر جەم بولسىمۇ، بىر سۈرىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەرەبلەر ئەرەبچىنى قائىدىسى بىلەن توغرا سۆزلىيەلمەيدىغان ئادەمنى ئەجەم (كېكەچ) دەپ ئاتايدۇ. ئومۇمەن تىلى ئەرەبچە بولمىغان كىشىلەر ئەجەم دەپ ئاتىلىدۇ. ئەجەم تىللىرى پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئەرەب تىلى بىلەن تەڭداش ۋە باراۋەر بولالمايدۇ.

③ بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇئمىنلەرنىڭ سەردارى ۋە يولباشچىسى تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئاللاھقا يالغاننى چاپلاپ، بۇ كىتاب ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغان ئەمەس دېيەلىسۇن؟ ئۇ، بۇ كىتاب ئاللاھ تەرەپتىن ماڭا نازىل قىلىندى، دېدىغۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز يالغانچى ئەمەس. بەلكى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۆزى يالغانچىلاردۇر.

④ بۇ ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلە بولۇپ، كىمكى كۇفرىغا مەجبۇرلانسا، جېنىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلمىغان ھالدا كۇفرىغا ئالاقىدار سۆز ياكى ھەرىكەتنى قىلغان بولسا، ئۇ كىشى كاپىر بولمايدۇ، ئايالىمۇ نىكاھىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، باشقا كۇفرىغا ئالاقىدار ئەھكاملارمۇ ئۇنىڭغا تەتبىقلانمايدۇ. بۇ سۆزنى ئىمام قۇرتۇبى ئېيتقان. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ بۇ دىندىن يېنىۋالغان مۇرتەدنىڭ جازاسى بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە قاتتىق ئازابقا لايىق بولىدۇ. ئۇنىڭغا دۇنيادا بېرىلىدىغان جازا ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۆلۈم جازاسىدۇر. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە بەقەرە217 ـ ئايەت ۋە 256 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە

قارالسۇن)

ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمُ ٱسْتَحَبُّوا۟ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا عَلَى ٱلْـَٔاخِرَةِ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى
ٱلْقَوْمَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٠٧﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَسَمْعِهِمْ
وَأَبْصَٰرِهِمْ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْغَٰفِلُونَ ﴿١٠٨﴾ لَا جَرَمَ أَنَّهُمْ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ
هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٠٩﴾ ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ هَاجَرُوا۟ مِنۢ بَعْدِ مَا
فُتِنُوا۟ ثُمَّ جَٰهَدُوا۟ وَصَبَرُوٓا۟ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١١٠﴾
۞ يَوْمَ تَأْتِى كُلُّ نَفْسٍ تُجَٰدِلُ عَن نَّفْسِهَا وَتُوَفَّىٰ

*بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر① [107]. ئەنە شۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن دىللىرى، قۇلاقلىرى ۋە كۆزلىرى پېچەتلىۋېتىلگەن كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر② [108]. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر [109]. ئاندىن (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان. ئاندىن (ئاللاھنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغان ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) سەۋر قىلغانلارغا رەببىڭ (مەدەتكاردۇر). رەببىڭ شۇ ئىشلاردىن (يەنى ئۇلار ھىجرەت، جىھاد ۋە سەۋر قىلغاندىن) كېيىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر③ [110]. (ئى پەيغەمبەر! شۇ قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىنكى) ئۇ كۈندە ھەر ئادەم (ئۆزىنى ئاقلاش كويىدا بولۇپ) ئۆزى ھەققىدە مۇنازىرلىشىدۇ④،*

① بۇ يەردە ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كۇفرىنى تاللاش (مۇرتەد بولۇش) نىڭ سەۋەبلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرىنچىسى: دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ھەممىدىن ئارتۇق كۆرۈش، ئىككىنچىسى: ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھىدايەتكە لاياقەتلىك بولماسلىق.

② شۇ ۋەجىدىن ئۇلار نە ۋەز-نەسىھەتنى ئاڭلىمايدۇ، نە ئۇنى چۈشەنمەيدۇ، نە ئۆزلىرىنى ھەقكە ئېلىپ بارىدىغان ئايەت ۋە ئالامەتلەرنى كۆرمەيدۇ، ئۇلار شۇ قەدەر غەپلەتكە مۆپتىلا بولىدۇكى، بۇ غەپلەت ئۇلارنىڭ ھىدايەتكە ماڭىدىغان يولىنى توسۇپ قويىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە مەككىدىكى بىر قىسىم ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى تىلغا ئېلىندى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەبلىك كاپىرلارنىڭ زۇلۇم-سىتەملىرىگە دۇچار بولغان ئىدى. ئاخىرى ئۇلار ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلدى، ئۇلار ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، يۇرتلىرىنى، ئۆي-زېمىنلىرىنى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ ھەبەشىستانغا ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش باشلانغاندا باتۇرلۇق بىلەن كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، جىھادقا تولۇق قاتناشتى، باشتىن-ئاخىر بۇ يولدىكى ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلدى ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتە چىداملىق بولدى. ئەنە شۇ ئىشلاردىن كېيىن يەنى ئۇلار ھىجرەت قىلغان، جىھادقا قاتناشقان، بۇ يولدىكى مۇشەققەتلەرگە چىدامچان بولغاندىن كېيىن، رەببىڭ ئۇلارغا چوقۇم مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر. دېمەك رەببىنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل ئىنتايىن زۆرۈردۇر، بۇنىڭ مىسالى شۇكى، مەزكۇر مۇھاجىرلار ئىمان ۋە ئەمەلدە ئەلا نەمۇنە تەقدىم قىلغانلىقتىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشتى. (ئاللاھ ئۇلاردىن، ئۇلار ئاللاھتىن رازى بولسۇن)

④ يەنى ھېچكىم ھېچكىمنى ھىمايە قىلمايدۇ، ئۇ كۈندە ھېچكىم نە دادىسىنى، نە بالىسىنى، نە قېرىندىشىنى، نە ئايالىنى ھىمايە قىلمايدۇ، بەلكى بىر-بىرىدىن قاچىدۇ، قېرىنداش قېرىنداشتىن، بالا ئاتا-ئانىسىدىن، ئەر ئايالىدىن قاچىدۇ، ھەر ئادەم پەقەت ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىپ، باشقىلار بىلەن كارى بولمايدۇ. ﴿ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ﴾. (سۈرە ئەبەسە 37 ـ ئايەت)

كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿١١١﴾ وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا قَرۡيَةٗ
كَانَتۡ ءَامِنَةٗ مُّطۡمَئِنَّةٗ يَأۡتِيهَا رِزۡقُهَا رَغَدٗا مِّن كُلِّ مَكَانٖ فَكَفَرَتۡ
بِأَنۡعُمِ ٱللَّهِ فَأَذَٰقَهَا ٱللَّهُ لِبَاسَ ٱلۡجُوعِ وَٱلۡخَوۡفِ بِمَا كَانُواْ

يَصۡنَعُونَ ﴿١١٢﴾ وَلَقَدۡ جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مِّنۡهُمۡ فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَهُمُ
ٱلۡعَذَابُ وَهُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿١١٣﴾

***هەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ھەگىز) زۇلۇم قىلىنمايدۇ① [111]. ئاللاھ مۇنداق بىر شەھەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ: بۇ شەھەر (ئەسلىدە) تىنچ ـ خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى) ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمنى تېتىتتى② [112]. ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئۆز ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كېلىۋىدى، ئۇنى ئۇلار ئىنكار قىلدى. ئۇلار (ھەق دىنغا دۈشمەنلىك قىلىشتىن ئىبارەت) زۇلۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالدى③ [113].***

① يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىغا بېرىلىدىغان جازاغا ئارتۇق جازا قوشۇپ قويۇلمايدۇ دېمەك ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. يامانلىقنىڭ جازاسى پەقەت يامانلىقنىڭ مىقدارىغا قارىتا بولىدۇ، ئەمما ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرگە ئاتا قىلىدىغان مەرھەمىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ بىزنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلسۇن.

② كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «شەھەر» دىن مەككە كۆزدە تۇتۇلغان دەپ ئالىدۇ، يەنى بۇ ئايەتتە مەككە ۋە مەككە ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدى. بۇ دەل ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە ئاھالىسى ئۈچۈن بەددۇئا قىلغان ۋاقىت ئىدى: «ئى ئاللاھ، ئۇلارغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدەك ئاچارچىلىقنى كەلتۈرگىن.» (سەھىھۇل بۇخارى 1007ـھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2798ـھەدىس) يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا مىسىردا يۈز بەرگەن قەھەتچىلىككە ئوخشاش بالانى ئەۋەتكىن دەپ بەددۇئا قىلدى. نەتىجىدە ئاللاھ تائالا مەككىدىكى ئەمىنلىكنى قورقۇنچقا، باياشاتلىقنى

ئاچارچىلىقتا ئۆزگەرتىۋەتتى، ھەتتا ئاچارچىلىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار سۆڭەك ۋە دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتتىكى «شەھەر» مۇئەييەن بىر شەھەر ئەمەس، بەلكى بۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغانلار قاچان ۋە قەيەردە بولسا، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ئومۇمىي بىر مىسالدۇر. گەرچە ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ نەزىرىدە خاس بولسىمۇ، بۇ ئايەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئۇلارمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى قائىدە بويىچە سەۋەبنىڭ خاسلىقى ئەمەس، ئايەتنىڭ لەۋزىدىكى ئومۇمىيلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

③ بۇ يەردىكى «ئازاب» يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قورقۇنچ ۋە ئاچارچىلىق ئازابىنى كۆرسىتىدۇ ياكى كاپىرلارنىڭ بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ھالاك قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

فَكُلُوا۟ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ حَلَٰلًا طَيِّبًا وَٱشْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴿١١٤﴾ إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحْمَ ٱلْخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيْرِ ٱللَّهِ بِهِۦ ۖ

***ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، شېرىن يېمەكلىكلەردىن يەڭلار، ئەگەر (راستىنلا) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار① [114]. ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى (يېيىشنى) ھارام قىلدى②.***

① ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى قويۇپ، ھارام ۋە ناپاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، ئاللاھنى قويۇپ، باشقىلارغا چوقۇنۇش ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك كىرىم قىلىشتا ھارام ۋاستىلەرنى تاللاش ۋە ناتوغرا ئۇسۇللارنى ئىشلىتىشمۇ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ھالال يول تۇرسا، ھارامنى

تالـلاش ئاللاھقا تەۋەككـۇل قىلمىغانلىـق ۋە ئۇنىڭغا تايانمىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

② مەزكـۇر هـارام قىلىنغـان نەرسـلەر ئىلگـىرى (سـۈرە بەقـەرە 173 ـ ئايـەت، مائىـدە 3ـئايـەت، ئەنئـام 145ـئايەتلـەردە) ئـۈچ قېتىـم تىلغـا ئېلىنـدى، ئالـلاھ تائـالا ئۇلارنـى بـۇ يـەردە تۆتىنچـى قېتىـم بايـان قىلـدى. ﴿إِنَّمَا﴾ دېگـەن قوشـۇمچە مۇئەييەنلەشـتۈرۈش، چەكلـەش، دائىرىگـە ئېلىـش ئۈچـۈن كېلىـدۇ، ئەممـا بـۇ يـەردە ھەقىقـي مۇئەييەنلەشـتۈرۈش ئۈچـۈن ئەمـەس، بەلكـى قوشـۇمچە بولـۇپ كەلگـەن. ئەگـەر ھەقىقـي مۇئەييەنلەشـتۈرۈش ئۈچـۈن كەلگـەن بولسـا، هـارام قىلىنغـان نەرسـلەر پەقـەت مۇشـۇ نەرسـلەردىنلا ئىبـارەت، دېگـەن ئۇقـۇم چىقاتتـى، بـۇ يـەردە خىتـاب قىلىنغۇچىلارنىـڭ ئەقىـدە ۋە ئىدىيەسـى نـەزەردە تۇتۇلـۇپ، ﴿إِنَّمَا﴾ بىلـەن مۇئەييەنلەشـتۈرۈلگەن. بولمىسـا، ئۇنىڭدىـن باشـقا هارام قىلىنغان هايۋانـلار ۋە يىرتقۇچلارمـۇ بـار ئەلۋەتتـە. بـۇ ئايەتتىـن ئالـلاھ تائالانىـڭ مۇسـۇلمانلارنى مەزكـۇر تـۆت هـارام نەرسـىدىن سـاقلاپ قالماقچـى ئىكەنلىكىنـى تەكىتلەۋاتقانلىقـى مەلـۇم بولىـدۇ. ئۇلارنىـڭ تەپسـلىي شەرھىسـى ئىلگـىرى بايـان قىلىنىـپ بولـدى، ئەممـا بـۇ يـەردە پەقـەت مەزكۇر هـارام قىلىنغـان نەرسـلەرنىڭ تۆتىنچىسـى ﴿ئاللاھتىـن باشقىسـىنىڭ نامى ئېيتىلىـپ بوغۇزلانغـان هايـۋان﴾ تەپسـلىي بايـان قىلىنىـدۇ. چۈنكـى، بىـر قىسـىم ئازغـۇن پىرقىلـەر بـۇ ئايەتنىـڭ مەنىسـىنى توغـرا چۈشـەنمەي خاتـا مۇلاھـىزە قىلىـپ، نىشـاندىن يىراقلاشـقان، ھەتتـا ئۇنـى دەلىـل قىلىـپ شـېركي ئەمەللەرگـە باهانـە كۆرسـىتىشـكە ئۇرۇنغـان. شـۇ ۋەجىدىـن بـۇ نۇقتىنـى ئېنىقـراق تەپسـلىي بايـان قىلىـش زۆرۈر بولـۇپ قالـدى. ئاللاھتىـن باشقىسـىغا ئاتالغـان هايـۋان (مال)نىـڭ بىـر نەچچـە خىـل شـەكلى بـار: بىرىنچىسـى، بەزى مۇشـرىكلار ئاللاھنىـڭ غەيرىيگـە يېقىنلىشـىش ۋە ئۇنـى خۇشـال قىلىـش ئۈچـۈن مـال بوغۇزلايـدۇ، بوغۇزلايدىغـان ۋاقتىتمـۇ شـۇ بۇتنىـڭ ياكـى بۇزرۇكنىـڭ نامىنـى تىلغـا ئالىـدۇ. مەقسـەت پەقـەت ئۇنـى خۇشـال قىلىـش بولىـدۇ. ئىككىنچىسـى، مـال بوغۇزلاشـتىن مەقسـتى ئاللاھنىـڭ غەيرىيگـە يېقىنلىشـىش بولىدۇ، ئەممـا بوغۇزلايدىغـان ۋاقتتـا ئاللاھنىـڭ نامىنـى تىلغـا ئالىـدۇ، بـۇ ئەهـۋال قەبرىگـە چوقۇنغۇچىلاردا كـۆپ ئۇچرايـدۇ، ئـۇلار مالنـى بۇزرۇكلارغـا ئاتايـدۇ، مەسـىلەن: بـۇ قوينـى پالانـى پىرىمغـا، بـۇ كالىنـى پالانـى خوجامغـا ئاتىدىم، بۇ مـال ئـون بىرىنچي ئىمـام ئابدۇلقادىـر جىلانـى ئۈچـۈن دېگەنـدەك، ئاندىـن ئـۇلار مالنـى «بىسـمىللاھ» دەپ بوغۇزلايـدۇ. شـۇڭا ئايەتنـى خاتـا چۈشـەنگەنلەر:

«بىرىنچى شەكلىنى شەكسىز ھارام، ئەمما ئىككىنچىسى ھارام ئەمەس، بەلكى جايىز، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ غەيرىينىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلانمىغان» دەپ، شىرىك ئەمەلگە يول ئېچىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى فىقھشۇناس ئۆلىمالار بۇ ئىككىنچى شەكلىنىمۇ ھارام دەپ ھۆكۈم قىلغان، چۈنكى بۇمۇ ﴿ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋان﴾ قاتارىغا كىرىدۇ. تەپسىر بەيزاۋىينىڭ ھاشىيەسىدە مۇنداق كەلگەن: «ھەر قانداق مال ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىغا ئاتالسا، ھارامدۇر، گەرچە بوغۇزلايدىغان چاغدا ئاللاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىمۇ. شۇڭا ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلە شۇكى، ھەر قانداق مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ غەيرىيگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن مال بوغۇزلىسا، ئۇ مۇرتەد بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭ بوغۇزلىغان مېلىمۇ مۇرتەدنىڭ بوغۇزلىغان مېلى ھېسابلىنىدۇ. ھەنەفىي فىقھىسىنىڭ مەشھۇر كىتابى دوررۇلمۇختاردىمۇ: بىر ھاكىمنىڭ ياكى بىر كاتتا شەخسىنىڭ كېلىشىگە ئاتاپ (شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىززەت-ئېكرام ۋە زىياپەت نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىنىڭ رىزالىقى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن) مال بوغۇزلانسا، ئۇمۇ ھارام بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ﴿ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋان﴾ قاتارىغا كىرىدۇ، گەرچە بوغۇزلايدىغان چاغدا ئاللاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىمۇ. ئەللامە شامى ھەم بۇھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى تەكىتلىگەن. («شامى پەتىۋالىرى» بوغۇزلانغانماللار بۆلۈمى، قەدىمكى باسما، ھىجرىيە 1277-يىل، 277 - بەت، 5 - توم،203 -بەت، مىسىر مەيمەنە باسمىسى) ئەمما بەزى فىقھشۇناس ئۆلىمالار ﴿ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋان﴾ دېگەن ئايەت ئىككىنچى شەكىلگە دەلىل بولالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ غەيرىيگە يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت ئورتاق سەۋەبكە ئاساسەن ئىككىنچى شەكلىنىمۇ ھارام دەپ قارايدۇ. دېمەك ئىككىنچى شەكلىنىڭ ھاراملىقىدا ئىختىلاپ يوق. ئەمما دەلىل كەلتۈرۈش ۋە ئۇسۇلدا ئىختىلاپ مەۋجۇت. باشقا بىر دەلىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ ئىككىنچى شەكىل ﴿بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى﴾ دېگەن سۈرە مائىدەنىڭ ئۈچىنچى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ھارام نەرسىلەر قاتارىغا كىرىدۇ. يەنە ھەدىسلەردىن مەلۇم بولىدىكى، خانىقالارغا، مازارلىقلارغا، ئۇدامىلارغا ئېلىپ بېرىلىپ بوغۇزلانغان ماللار ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ يەرلەرگە ئاپىرىپ بوغۇزلاش ياكى شۇ يەرلەرگە ئاپىرىپ تەقسىم قىلىشتىكى مەقسەت

ئاللاھنىڭ غەيرىيگە يېقىنچىلىق قىلىش (ئاللاھتىن باشقا بىرنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش ۋە يېقىنلىق ھاسىل قىلىش) ھېسابلىنىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەن بۇۋانە دېگەن جايدا بىر تۆگە بوغۇزلاشنى نىيەت قىلغان ئىدىم، بۇ ئىشنى قىلسام بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ يەر جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىرەر بۇتنىڭ ماكانى بولغان بولۇپ، شۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تۆگە بوغۇزلىماقچىمۇ؟ دېدى. كىشىلەر: ياق، ئۇ يەر بۇتلار ماكانى بولمىغان، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: ئۇ يەر جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بايراملاردىن بىرەر بايرام پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن جايمۇ؟ دەپ سورىدى. كىشىلەر: ئۇنداقمۇ ئەمەس، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوئال سورىغۇچىغا: ئۇ يەرگە بېرىپ تۆگە بوغۇزلاش نىيىتىڭگە ئەمەل قىلساڭ بولىدۇ. دېدى. (سۇنەن ئەبى داۋۇد، 3313-ھەدىس) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، بۇتلار ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ خارابىلىككە بېرىپ مال بوغۇزلاش جايىز ئەمەس. ئۇنىڭ ئورنىغا ماللارنى يېتىمخانا ۋە غېرىپ-مىسكىنلەر توپلاشقان جايلارغا ئاپىرىپ بوغۇزلاپ تارقاتسا ۋە سەدىقە قىلسا، جايىز بولىدۇ. ئاللاھ بىزنى شېرىك ئەمەلدىن ساقلىسۇن.

فَمَنِ ٱضۡطُرَّ غَيۡرَ بَاغٖ وَلَا عَادٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١١٥﴾ وَلَا
تَقُولُواْ لِمَا تَصِفُ أَلۡسِنَتُكُمُ ٱلۡكَذِبَ هَٰذَا حَلَٰلٞ وَهَٰذَا حَرَامٞ
لِّتَفۡتَرُواْ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ لَا
يُفۡلِحُونَ ﴿١١٦﴾ مَتَٰعٞ قَلِيلٞ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١١٧﴾

***كىمكى (ئۇلارنىڭ گۆشىدىن) ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئىلاجسىزلىقتىن، ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا (يېسە گۇناھ بولمايدۇ)، شەكسىزكى، ئاللاھ (ئۇنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇنىڭغا) بەك مېھرىباندۇر [115]. سىلەر ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەپ (ھېچقانداق دەلىلسىز) «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار①، چۈنكى (مۇنداق دېسەڭلار) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، شەكسىزكى، ئاللاھ نامىدىن***

*يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ [116]. (ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئېرىشىدىغان نەرسىسى) ئازغىنا مەنپەئەتتۇر، (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار [117].*

① بۇ ئايەت بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ ۋەقپە قىلىنغان ھايۋانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، كاپىرلار ئۆزلىرىچىلا ئۇلارنى يېيىشنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالاتتى، مەسىلەن: بەھىرە، سائىبە، ۋەسىلە ۋە ھام دەپ ئاتالغان ھايۋانلارغا ئوخشاش. (بۇ نۇقتا سۈرە مائىدە 103-ئايەت، سۈرە ئەنئام 139-، 141-ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى)

وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا مَا قَصَصۡنَا عَلَيۡكَ مِن قَبۡلُۖ وَمَا
ظَلَمۡنَٰهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿١١٨﴾ ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ
عَمِلُواْ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُوٓاْ إِنَّ رَبَّكَ
مِنۢ بَعۡدِهَا لَغَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١١٩﴾ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ كَانَ أُمَّةٗ قَانِتٗا لِّلَّهِ حَنِيفٗا
وَلَمۡ يَكُ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٢٠﴾ شَاكِرٗا لِّأَنۡعُمِهِۚ ٱجۡتَبَٰهُ وَهَدَىٰهُ إِلَىٰ
صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿١٢١﴾ وَءَاتَيۡنَٰهُ فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ
لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٢٢﴾ ثُمَّ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ أَنِ ٱتَّبِعۡ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۖ
وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿١٢٣﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) بىز ئىلگىرى ساڭا بايان قىلغان نەرسىلەرنى يەھۇدىيلارغا ھارام قىلغان ئىدۇق①، بىز (بۇلارنى ھارام قىلىش بىلەن) ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئۇۋال قىلدى [118]. شەكسىزكى، بىلمەستىن يامان ئىشلارنى قىلىپ سالغاندىن كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئۆزىنى ۋە قىلمىشىنى) تۈزەتكەنلەرگە شۈنىڭدىن كېيىن رەببىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر [119]. شەكسىزكى، ئىبراھىم ئاللاھقا ئىتائەتمەن، ھەق دىنغا يۈزلەنگەن بىر پېشىۋا ئىدى②. ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى*

*[120]. ئۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلىدى [121]. ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاخىرەتتىمۇ ئەلۋەتتە ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ [122]. (ئى پەيغەمبەر!) ئاندىن ساڭا: «ھەق دىنغا يۈزلەنگەن ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن③، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيي قىلدۇق [123].*

① ئۇ ھارام قىلىنغان نەرسىلەر سۈرە ئەنئام **146**-ئايەتتە بايان قىلىندى: ﴿يەھۇدىيلارغا تۇم تۇياقلىق (يەنى تۆگە، تۆگىقۇشقا ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولماي تۇم تۇياقلىق بولغان) ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا ۋە قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق﴾ بۇ ئايەتنىڭ شەرھىسى ئۇنىڭ تەپسىرىدە ئىزاھلاندى، ھارام قىلىنغانلىق سەۋەبلىرى سۈرە نىسا **160**-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

② ﴿أُمَّةً﴾ ئۈممەت دېگەن سۆزنىڭ پېشۋا، رەھبەر دېگەن مەنىسىمۇ بار، ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە كەلگەندەك. بۇ سۆز يەنە ئۈممەت مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ، بۇ ئېتىبار بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزى يۈتۈن بىر ئۈممەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ سۆزنىڭ بىر قانچە مەنىلىرى سۈرە ھۇد **8**-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

③ ﴿مِلَّة﴾نىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بىر پەيغەمبىرى ئارقىلىق كىشىلەر ئۈچۈن يولغا قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش زۆرۈر دەپ بەلگىلىگەن دىن دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تامامى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ھەممە ئادەم بالىلىرىنىڭ پېشۋاسى ۋە سەردارى تۇرۇغلۇق، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلدى، بۇنىڭدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمتىيازى ۋە خۇسۇسىي پەزىلەتلىرى ئايان بولىدۇ. ئەسلىدە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتى ۋە دىنى بىر بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرىدە، پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئاساس ئىدى.

إِنَّمَا جُعِلَ ٱلسَّبۡتُ عَلَى ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِۚ وَإِنَّ رَبَّكَ لَيَحۡكُمُ
بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ١٢٤ ٱدۡعُ إِلَىٰ سَبِيلِ
رَبِّكَ بِٱلۡحِكۡمَةِ وَٱلۡمَوۡعِظَةِ ٱلۡحَسَنَةِۖ وَجَٰدِلۡهُم بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُۚ إِنَّ
رَبَّكَ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ ١٢٥
وَإِنۡ عَاقَبۡتُمۡ فَعَاقِبُواْ بِمِثۡلِ مَا عُوقِبۡتُم بِهِۦۖ وَلَئِن صَبَرۡتُمۡ لَهُوَ
خَيۡرٞ لِّلصَّٰبِرِينَ ١٢٦ وَٱصۡبِرۡ وَمَا صَبۡرُكَ إِلَّا بِٱللَّهِۚ وَلَا تَحۡزَنۡ عَلَيۡهِمۡ
وَلَا تَكُ فِي ضَيۡقٖ مِّمَّا يَمۡكُرُونَ ١٢٧ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ وَّ
ٱلَّذِينَ هُم مُّحۡسِنُونَ ١٢٨

شەنبە كۈنى (نى ئۇلۇغلاش) پەقەت ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان (يەھۇدىي)لار ئۈچۈنلا بەلگىلەندى①. شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ [124]. (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز - نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن②. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ③ [125]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر④ [126]. (ئى پەيغەمبەر!) (ئاللاھنىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سېنىڭ سەۋرچانلىقىڭ پەقەت ئاللاھ )نىڭ ياردىمى) بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. (ئىمان ئېيتمىدى دەپ) ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن⑤ [127]. شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلار ۋە (بۇيرۇلغان

ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [128].

① بۇ قايسى تۈردىكى ئىختىلاپ ئىدى؟ بۇنىڭ تەپسىلاتىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت: بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا جۈمە كۈنىنى ئىبادەت ئۈچۈن بەلگىلىگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن ئىختىلاپلىشىپ ۋە شەنبە كۈنىنى ئۇلۇغ كۈن ۋە ئىبادەت ئۈچۈن تاللىدى. ئاللاھ تائالا دېدىكى: ئى مۇسا! ئۇلار تاللىغان كۈننى ئۇلارغا قويۇپ بەرگىن. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھەپتىنىڭ كۈنلىرىدىن بىر كۈننى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن تاللاشقا ئەمر قىلغان ئىدى. تاللاش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھادى بويىچە شەنبە كۈنىنى ۋە ناسارالار يەكشەنبە كۈنىنى تاللىدى. جۈمە كۈنىنى ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا خاس قىلدى. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ناسارالار يەكشەنبە كۈنىنى يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالماسلىق ئۈچۈن تاللىغان ئىدى، شۇنىڭدەك ئىبادەتتىمۇ يەھۇدىيلاردىن ئايرىم بولۇش ئۈچۈن بەيتۇلمەقدىستىكى تاش گۈمبەزنىڭ شەرق تەرىپىنى ئۆزلىرىنىڭ قىبلىسى قىلىپ بېكىتتى. جۈمە كۈنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن خاس قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر مەۋجۇت. (سەھىھۇل بۇخارى، 876 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم، 20 ـ ۋە 855 ـ ھەدىس)

② بۇ ئايەتتە تەبلىغ ۋە دەۋەتنىڭ ئۇسۇلى بايان قىلىنىدى. بۇ ئۇسۇل ھېكمەت بىلەن، گۈزەل ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن، مۇلايىملىق بىلەن، چىرايلىق ئۇسلۇب بىلەن دەۋەت قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. «چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىش» دېگەن سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلىششقا توغرا كەلسە، مۇنازىرىنى ئومۇمەن مۇلايىملىق بىلەن، مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدا تاپا ـ تەنە، تىللاش، ھاقارەتلەش ۋە قوپال سۆزلەر بولماسلىقى لازىم.

③ يەنى سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ مەزكۇر ئۇسۇل بويىچە دەۋەت قىلىشتۇر، ھىدايەت يولىغا سېلىش ۋە ئۇنىڭدا ماڭدۇرۇش پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. ئاللاھ كىمنىڭ ھىدايەتنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

④ بۇ ئايەتتە ئىنتىقام ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ

شەرتكە ئۇيغۇن بولۇشى تەلەپ قىلىندى، شەرتى شۇكى، ئىنتىقام ئالغۇچى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم، بولمىسا، ئۇ ئۆزى زالىمغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ئەپۇ قىلىۋېتىش ۋە سەۋر قىلىش ھەممىدىن ئەۋزەل دەپ كۆرسىتىلدى.

⑤ چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە قارشى ﴿تەقۋادارلار ۋە (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾. ئاللاھ كىم بىلەن بىللە بولسا، دۇنيا ئەھلىنىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستلىرى ئۇنىڭغا قىلچە زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

# سۈرە ئىسرا

| (١٧) سورة بني اسرائيل مكية ١١١ آية | (17) سۈرە ئىسرا مەككىدە چۈشكەن 111 ئايەت |
|---|---|

15

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سُبْحَٰنَ ٱلَّذِىٓ أَسْرَىٰ بِعَبْدِهِۦ لَيْلًا مِّنَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ إِلَى ٱلْمَسْجِدِ ٱلْأَقْصَا ٱلَّذِى بَٰرَكْنَا حَوْلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنْ ءَايَٰتِنَآ

***قۇدرىتىمىزنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىرىنى كۆرسىتەيلى دەپ① بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى كېچىدە② مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك③ قىلغان مەسجىدى ئەقساغا④ ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر⑤***

★ بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، سۈرە بەنى ئىسرائىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىسرا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىلغان) ۋەقەسى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسرا، كەھف ۋە مەريەم سۈرىلىرى ئەڭ ئۇلۇغ ئەۋۋەلقى سۈرىلەر ۋە مەن ئەڭ ئاۋۋال ئۆگەنگەن سۈرىلەر جۈملىسىدىندۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 4708 ـ ھەدىس) تە كەلگەن "عِتَاقٌ " دېگەن سۆز «عَتِيْقٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قەدىمىي دېگەن

مەنىدە، " تِلَادٌ " دېگەن سۆزمۇ " تَالِدٌ " نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قەدىمكى مال دېگەننى بىلدۈرىدۇ. يەنى بۇ سۈرىلەر مەككىدە ھەممىدىن بۇرۇن چۈشكەن قەدىمكى سۈرىلەر ۋە مەن ھەممىدىن ئاۋۋال يادلىۋالغان سۈرىلەر ئىدى. ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كېچە سۈرە ئىسرانى ۋە سۈرە زۇمەرنى ئوقۇيتتى». (مۇسنەدى ئەھمەد، 6- توم، 68-بەت، سۈنەنى تىرمىزى 3405-ھەدىس، ئەلبانى سەھىھ ھەدىسلەر جۈملىسىدىن سانىغان، 2-توم، 641-ھەدىس)

① يەنى بۇ سەپەردىن مەقسەت بەندىمىزگە ئاجايىپ-غارايىپلارنى ۋە بۈيۈك مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ بىرى، شۇنداق ئۇزۇن سەپەرنىڭ كېچىنىڭ ئاز بىر قىسمىدا پۈتكەنلىكىدۇر. يەنە شۇ كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراج سەپىرى بولغان ئىدى، يەنى ئۇ ئاسمانلارغا ئېلىپ چىقىلدى، ئاسمانلارنىڭ ھەربىر قېتىدا پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئەرشنىڭ ئاستىدىكى يەتتىنچى قات ئاسماندا سىدرەتۇلمۇنتەھادا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق ناماز ۋە باشقا ئەمەللەر پەرز قىلىندى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىندى. ساھابە ۋە تابىئىنلەر زامانىدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بارلىق ئۆلىما ۋە فۇقەھالار بۇ مىراج سەپىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىسمى بىلەن ئويغاق ھالەتتە قىلغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلدى. بۇ چۈشىدە ياكى روھى بىلەن قىلغان خىيالىي سەپەر ئەمەس ئىدى بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن پەيغەمبىرىنى ئويغاق ھالەتتە سەير قىلدۇرغان ئىدى. بۇ سەپەرنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى ئىسرا دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقساغا قىلغان سەپەرنىڭ نامىدۇر. ئۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. كېيىنكى بۆلىكى مىراج دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمۇقەددەستىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان سەپەرنىڭ نامىدۇر. بۇ مىراج سەپىرى سۈرە نەجمىدە قىسقىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، تەپسىلاتى سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. ئومۇمەن بۇ پۈتۈن سەپەر " مِعْرَاجٌ " دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ سەير قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "عُـرِجَ بِي إِلَى السَّمَاءِ" (مېنى ئاسمانغا ئېلىپ باردى، مېنى ئېلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى) دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. بۇ سەپەرنىڭ كېيىنكى بۆلىكى ئالدىنقىسىدىن مۇھىم ۋە بۈيۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ۋەقە ﴿مىراج سەپىرى﴾ دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ

ۋەقەنىڭ قايسى تارىختا يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھىجرەتتىن ئىلگىرى بولغانلىقىغا ھەممە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. بەزىلەر ھىجرەتتىن بىر يىل ئىلگىرى بولغان دېسە، بەزىلەر بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولغان دەپ قارايدۇ، يەنە يۈز بەرگەن ئاي ۋە كۈن ھەققىدە بىر نەچچە خىل قاراش بار: بەزىلەر رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 17-كۈنى دېسە، بەزىلەر 27-كۈنى دەيدۇ، بەزىلەر رەجەپنىڭ 17-كۈنى بولغان دېسە، بەزىلەر باشقا ئاي ۋە كۈنلەردە بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) ئەمما مىراج ۋەقەسىنىڭ راست بولغانلىقىدا شەك يوق، ئەمما ئاي-كۈنى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن.

② ﴿اَسْرٰى﴾نىڭ مەنىسى كېچىدە يۈرۈش، بىر جايدىن يەنە بىر جايغا ئېلىپ بېرىش. ئۇنىڭدىن كېيىن ﴿لَيْلًا﴾نىڭ تىلغا ئېلىنىشى كېچىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇ قوش زەۋەرلىك ھەم ئېنىقسىز شەكىلدە كەلگەن. ﴿لَيْلًا﴾ يەنى كېچىنىڭ بىر قىسمى ياكى ئاز بىر قىسمىدا دېگەن مەنىدە. دېمەك قىرىق كېچە ۋاقىت ئالىدىغان بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى پۈتۈن بىر كېچىدە ئەمەس، بەلكى، كېچىنىڭ ئاز بىر قىسمىدا باستى.

③ بۇ يۇرت تەبىئىي سۇ ئېقىنلىرى جىق، مېۋە-چېۋىلەر كۆپ بولىدىغان، پەيغەمبەرلەر ياشىغان ۋە دەپنە قىلىنغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن «ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان» جاي دەپ ئاتالغان.

④ " اَقْصَا " يىراق دېمەكتۇر. يەنى پەلەستىنىنىڭ قۇددۇس (قەدىمكى ئىسمى ئىليا) شەھىرىدىكى بەيتۇلمۇقەددەس مەسجىدى، مەككىدىن قىرىق كۈنلۈك يول بولغاچقا، ھەرەم مەسجىدىدىن بەيتۇلمۇقەددەس ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن مۇساپە نەزەردە تۇتۇلۇپ، «مەسجىدى ئەقسا» يەنى ئەڭ يىراق مەسجىد دەپ ئاتالغان.

⑤ ﴿سُبْحٰنَ﴾ " سَبَحَ يَسْبَحُ "نىڭ سۆز يىلتىزى بولۇپ، مەنىسى «أُنَزِّهُ اللهَ تَنْزِيْهًا يەنى «مەن ئاللاھنى ھەر قانداق ئەيىب-نۇقساندىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن» دېمەكتۇر. ئادەتتە بۇ سۆز ئەھمىيىتى زور بولغان بۈيۈك ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان جايلاردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى تاشقى كۆرۈنمە سەۋەب-ئامىللارغا ئاساسەن بۇ مىراج ۋەقەسى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردىن بولسىمۇ، ئاللاھقا مۇشكۇل ئەمەس، چۈنكى ئاللاھنىڭ ئەمرى

سەۋەب-ئامىللارغا باغلىق ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالا «بول» دېگەن بىر سۆز بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە خالىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. سەۋەب-ئامىللارغا پەقەت ئىنسانلار موھتاج بولىدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلار موھتاج بولىدىغان سەۋەب-ئامىل ۋە ئەيىب- نۇقسانلاردىن پاك ۋە بىھاجەتتۇر.

إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ﴿١﴾ وَءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ وَجَعَلۡنَٰهُ
هُدٗى لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ أَلَّا تَتَّخِذُواْ مِن دُونِي وَكِيلٗا ﴿٢﴾ ذُرِّيَّةَ مَنۡ
حَمَلۡنَا مَعَ نُوحٍۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَبۡدٗا شَكُورٗا ﴿٣﴾

***ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [1]. بىز مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق، كىتابنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا «مەندىن باشقىنى ھامىي (يەنى پەرۋەردىگار) قىلىۋالماڭلار!» دەپ يېتەكچى قىلدۇق [2]. ئى بىز نۇھ بىللە بىللە كېمىگە چىقارغانلارنىڭ (يەنى توپان بالاسىدىن قۇتقۇزغانلارنىڭ) ئەۋلادلىرى! (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۇكۇر قىلىڭلار). چۈنكى، نۇھ كۆپ شۇكۇر قىلغۇچى بەندە ئىدى① [3].***

① توپان بالاسىدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ نەسلى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدە ھايات قالغان ئۈننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا خىتاب قىلىنغاندا، سىلەرنىڭ ئاتاڭلار — نۇھ ئەلەيھىسسالام — ئاللاھقا كۆپ شۇكۇر قىلىدىغان بەندە ئىدى، سىلەرمۇ ئاتاڭلاردەك شۇكۇر قىلىڭلار ۋە بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇنى ئىنكار قىلىش بىلەن نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلماڭلار! دېيىلدى.

وَقَضَيۡنَآ إِلَىٰ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ فِي ٱلۡكِتَٰبِ لَتُفۡسِدُنَّ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَرَّتَيۡنِ
وَلَتَعۡلُنَّ عُلُوّٗا كَبِيرٗا ﴿٤﴾ فَإِذَا جَآءَ وَعۡدُ أُولَىٰهُمَا بَعَثۡنَا عَلَيۡكُمۡ

عِبَادًا لَّنَآ أُوْلِي بَأۡسٖ شَدِيدٖ فَجَاسُواْ خِلَٰلَ ٱلدِّيَارِۚ وَكَانَ وَعۡدٗا
مَّفۡعُولٗا ٥ ثُمَّ رَدَدۡنَا لَكُمُ ٱلۡكَرَّةَ عَلَيۡهِمۡ وَأَمۡدَدۡنَٰكُم بِأَمۡوَٰلٖ
وَبَنِينَ وَجَعَلۡنَٰكُمۡ أَكۡثَرَ نَفِيرًا ٦ إِنۡ أَحۡسَنتُمۡ أَحۡسَنتُمۡ
لِأَنفُسِكُمۡۖ وَإِنۡ أَسَأۡتُمۡ فَلَهَاۚ فَإِذَا جَآءَ وَعۡدُ ٱلۡأٓخِرَةِ لِيَسُـُٔواْ
وُجُوهَكُمۡ وَلِيَدۡخُلُواْ ٱلۡمَسۡجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَلِيُتَبِّرُواْ مَا
عَلَوۡاْ تَتۡبِيرًا ٧

*ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابتا (يەنى تەۋراتتا): «يەر يۈزىدە چوقۇم ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلىسىلەر ۋە چوڭچىلىق قىلىپ بەكمۇ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر» دەپ خەۋەر بەرگەن ئىدۇق [4]. ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقنىڭ (جازاسى) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن) سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، (ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنىڭ ئىچىگىچە ئاختۇرۇپ كىردى. بۇ (يەنى سىلەرگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىش) چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان بىر ۋەدە ئىدى① [5]. ئاندىن (يەنى تەۋبە قىلغىنىڭلاردىن) كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق (يەنى دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلدۇق، سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدۇق)، سىلەرگە نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپەيتتۇق② [6]. (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشى ئىش قىلساڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغان بولىسىلەر، ئەگەر يامان ئىش قىلساڭلار، بۇمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسى) نىڭ ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمىنىڭلارنىڭ خارلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەسجىد (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) كە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىشى ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن③ (ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىب قىلدۇق) [7].*

① بۇ ئايەت مەسىھ ئەلەيھىسسالامدىن 600 يىللار ئىلگىرى بابىلنىڭ پادىشاھى بوختونەسسەرنىڭ ئېرۇسالىمدا يەھۇدىيلارغا سالغان زۇلۇم-ستەملىرى ۋە خارلاپ-ئەزگەنلىكلىرىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ نۇرغۇن يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرگەن ۋە بىر تۈركۈمىنى قۇل قىلغان ئىدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىت يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى شۇئىيا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرگەن ياكى ئەرمىيا ئەلەيھىسسالامنى سولاپ قويغان، تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلغان، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، گۇناھقا پاتقان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنى جازالاش ئۈچۈن بوختونەسسەرنىڭ ئورنىغا جالۇتنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلدى، جالۇت ئۇلارغا چەكسىز زۇلۇم سالدى. بۇ زۇلۇم تاكى تالۇتنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا داۋۇت ئەلەيھىسسالام جالۇتنى ئۆلتۈرگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. بۇ ۋەقە «سۈرە بەقەرەنىڭ 251-ئايىتىدە» بايان قىلىندى.

② يەنى بوختونەسسەر ياكى جالۇت ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بىز سىلەرگە يەنە مال-مۈلۈك، ئەۋلاد، ھوقۇق-مەنسەپ ۋە ئىززەت ئاتا قىلدۇق، بۇ نېمەتلەر ئىلگىرى سىلەردىن تارتىۋېلىنغان ئىدى. سىلەرگە قايتىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئۈستۈنلۈك ئاتا قىلدۇق.

③ ئىككىنچى قېتىم ئۇلار يەنە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈردى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنى تىرىك ھالەتتە ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ قۇتقۇزۇۋالدى. نەتىجىدە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رىم پادىشاھى تىتوسنى مۇسەللەت قىلدى، ئۇ ئېرۇسالىمغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈردى، شەھەر ئۆلۈكلەر بىلەن تولدى، يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەسىر ئالدى، مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، دىنىي كىتابلارنى دەسسەپ خارلىدى، بەيتۇلمۇقەددەس ۋە سۇلايمان ھەيكىلىنى تالان-تاراج قىلدى، ئۇلارنى بەيتۇلمۇقەددەستىن پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقاردى، ئۇلار ۋەتەنسىزلىك ۋە خارلىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتتى. بۇ بالا-قازا ئۇلارنىڭ بېشىغا مىلادىيە 70-يىلى كەلدى.

عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يَرْحَمَكُمْ ۚ وَإِنْ عُدتُّمْ عُدْنَا ۘ وَجَعَلْنَا جَهَنَّمَ

لِلْكَٰفِرِينَ حَصِيرًا ﴿٨﴾ إِنَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ يَهْدِى لِلَّتِى هِىَ أَقْوَمُ
وَيُبَشِّرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا
كَبِيرًا ﴿٩﴾ وَأَنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْءَاخِرَةِ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا
أَلِيمًا ﴿١٠﴾ وَيَدْعُ ٱلْإِنسَٰنُ بِٱلشَّرِّ دُعَآءَهُۥ بِٱلْخَيْرِ ۖ وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ
عَجُولًا ﴿١١﴾

***(ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە رەھىم قىلىشى مۇھەققەق يېقىندۇر، ئەگەر سىلەر (يەنە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا) قايتساڭلار، بىزمۇ (سىلەرنى جازالاشقا) قايتىمىز① . جەھەننەمنى كاپىرلار ئۈچۈن زىندان قىلدۇق② [8]. شەكسىزكى، بۇ قۇرئان (ئىنسانلارنى) ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ [9]. (يەنە شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا بىز قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق [10]. ئىنسان (ئۆزىگە ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا) خەيرلىك دۇئا قىلغاندەك، (ئاچچىقى كەلگەندە) بەددۇئا قىلىدۇ، ئىنسان بەكمۇ ئالدىراقسان كېلىدۇ③ [11].***

① بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇركى، ئەگەر ئۆزۈڭلارنى ئىسلاھ قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولىسىلەر. ئۇنىڭ مەنىسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئۈستۈنلۈك ۋە غەلىبە دېمەكتۇر، ئەگەر يەنە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلساڭلار، ئىلگىرى ئىككى قېتىم قىلغان مۇئامىلىگە ئوخشاش بىز سىلەرنى يەنە خارلىققا دۇچار قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. يەھۇدىيلار ئۆز قىلمىشلىرىدىن يانمىدى، ئۇلار يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىشلەتتى. نەتىجىدە بۇ يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا يەنە خارلىققا دۇچار بولدى. ئاخىرى ئۇلار خار ھالدا مەدىنە ۋە خەيبەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

② يەنى بۇ دۇنيادىكى خارلىقتىن كېيىن ئۇلارغا ئاخىرەتتىكى جازا

يەنى جەھەننەمدە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئازاب بولىدۇ.

③ ئىنسان ئالدىراڭغۇ ۋە سەۋرىسىز بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا بىر قىيىنچىلىق يەتسە، ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن، خۇددى ياخشىلىقنى تىلەپ دۇئا قىلغاندەك بەددۇئا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن ئۇنىڭ بەددۇئاسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. (بۇ نۇقتا سۈرە يۇنۇسنىڭ 11-ئايىتىدە بايان قىلىندى).

وَجَعَلۡنَا ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ ءَايَتَيۡنِۖ فَمَحَوۡنَآ ءَايَةَ ٱلَّيۡلِ وَجَعَلۡنَآ ءَايَةَ
ٱلنَّهَارِ مُبۡصِرَةٗ لِّتَبۡتَغُواْ فَضۡلٗا مِّن رَّبِّكُمۡ وَلِتَعۡلَمُواْ عَدَدَ ٱلسِّنِينَ
وَٱلۡحِسَابَۚ وَكُلَّ شَيۡءٖ فَصَّلۡنَٰهُ تَفۡصِيلٗا ١٢ وَكُلَّ إِنسَٰنٍ أَلۡزَمۡنَٰهُ
طَٰٓئِرَهُۥ فِي عُنُقِهِۦۖ وَنُخۡرِجُ لَهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ كِتَٰبٗا يَلۡقَىٰهُ مَنشُورًا ١٣
ٱقۡرَأۡ كِتَٰبَكَ كَفَىٰ بِنَفۡسِكَ ٱلۡيَوۡمَ عَلَيۡكَ حَسِيبٗا ١٤ مَّنِ ٱهۡتَدَىٰ
فَإِنَّمَا يَهۡتَدِي لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيۡهَاۚ وَلَا تَزِرُ
وَازِرَةٞ وِزۡرَ أُخۡرَىٰۗ

*كېچە بىلەن كۈندۈزنى (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، رەببىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا ئىش - ھەرىكەت قىلىشىڭلار) ئۈچۈن، يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كېچىنىڭ ئالامىتى (بولغان ئاينىڭ نۇرىنى) ئۆچۈرۈپ (كېچىنى قاراڭغۇ قىلدۇق)، كۈندۈزنىڭ ئالامىتى (بولغان قۇياش) نى يورۇتقۇچى قىلدۇق①. (بىز) ھەممە نەرسىنى تەپسىلي بايان قىلدۇق② [12]. ھەربىر ئىنساننىڭ (ياخشى - يامان) ئەمەللىرىنى ئۇنىڭ بوينىغا (كىتاب شەكلىدە) ئېسىپ قويدۇق (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)③، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا نامە - ئەمالىنى چىقىرىپ بېرىمىز، ھەر ئىنسان ئۇنى ئېچىلغان ھالدا كۆرىدۇ*

***[13]. (ئۇنىڭغا) «نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭدىن ھېساب ئېلىشقا ئۆزۈڭ يېتەرلىك» (دەيمىز) [14]. كىمكى ھىدايەت تاپسا ، پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپىدۇ؛ كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازىدۇ. ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ④ .***

① يەنى كۈندۈزدىكى ھارغىنلىقتىن ئوبدان ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى نۇرسىز ۋە قاراڭغۇ قىلدۇق، ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ ھۈنەر-كەسىپ ۋە تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنى يورۇق قىلدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا سىلەرگە كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار، يىللارنىڭ سانىنى بىلىش ھەم ۋاقىتنى ھېسابلاش قاتارلىق نۇرغۇن پايدىلىرى بار. ئەگەر كېچىدىن كېيىن كۈندۈز ۋە كۈندۈزدىن كېيىن كېچە كەلمەي، داۋاملىق كېچە ياكى داۋاملىق كۈندۈز بولسا، سىلەرگە دەم ئېلىش ياكى تىرىكچىلىك قىلىشقا پۇرسەت قالمىغان بولاتتى، شۇنىڭدەك ئايلار ۋە يىللارنىڭ سانىنى ھېسابلاشمۇ مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

② بىز ئىنسانلار ئۈچۈن دىن ۋە دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىشلارنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردۇق، يەنى ئىنسانلار ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ھاياتىنىمۇ رەتكە سالسۇن، يەنە ئاخىرەت ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، تەييارلىق قىلسۇن دەپ شۇنداق تەپسىلىي بايان قىلدۇق.

③ ﴿طَٰٓئِرَهُۥ﴾ قۇش، ﴿عُنُقِ﴾ بويۇن دېمەكتۇر. ئىمام ئىبنى كەسىر «قۇش» دېگەندىن ئىنساننىڭ ئەمەلى دېگەن مەنىنى ئالغان. ﴿طَٰٓئِرَهُۥ فِى عُنُقِهِۦ﴾ دېگەن ئىنساننىڭ ياخشى ياكى يامان ئەمەلى بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغاندەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ يەنى ئۇنىڭ ھەربىر ئەمەلى خاتىرىلىنىپ ماڭىدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ تولۇق ئارخىپى ساقلىنىپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى شۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: قۇش دېگەندىن ئىنساننىڭ تەقدىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىلمىغا ئاساسەن بۇرۇنلا يېزىپ قويغان، كىمنىڭ بەختلىك ۋە ئاللاھقا ئىتائەتمەن بولىدىغانلىقى ئەزەلدىن ئاللاھقا مەلۇم ئىدى، كىمنىڭ ئىتائەتمەن بولمايدىغانلىقىمۇ ئاللاھقا مەلۇم ئىدى، مانا مۇشۇ تەقدىر-قىسمەت

(بەختلىك بولۇش ياكى بەختسىز بولۇش، ئەقلىي ئىقتىدار، ئۆمۈر، ئەمەل ۋە رىزق) ئىنساننىڭ بوينىغا ئېسىلغان بويۇنچاققا ئوخشاش ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەللىرىمۇ شۇ تەقدىر بويىچە بولىدۇ، قىيامەت كۈنى شۇ ئەمەللىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

④ ئەلۋەتتە كىمكى " ضَالٌّ " ئازغۇچى ھەم " مُضِلٌّ " ئازدۇرغۇچى بولسا، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ۋە ئۆزى ئازدۇرۋەتكەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (ئۇلارنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، لېكىن (بۇنداق قىلىش بىلەن) ئېزىپ كەتكۈچىلەرگە (ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) يۈكلەنگەن گۇناھلار كېمىيىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئەسلىدە باشقىلارنى ئازدۇرغانلىقى ئۈچۈن يۈكلەنگەن ئۆزىنىڭ گۇناھى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ باشقا ئايەتلىرىدە ۋە ھەدىسلەردە بۇ نۇقتا ئېنىق بايان قىلىنغان.

وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبْعَثَ رَسُولًا ﴿١٥﴾ وَإِذَآ أَرَدْنَآ أَن نُّهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُواْ فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا ٱلْقَوْلُ فَدَمَّرْنَٰهَا تَدْمِيرًا ﴿١٦﴾

***پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچكىمنى) ئازابلىغىنىمىز (يەنى جازالىغىنىمىز) يوق① [15]. بىرەر شەھەر (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى ھاكاۋۇر دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئۇ يەردە ئىتائەتسىزلىك (قىلىپ بىزگە ئاسىيلىق) قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ (ئاھالىسىنى ھالاك قىلىپ) تاشلايمىز② [16].***

① قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا ئايەتلىرىدىنمۇ مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا كىشىلەردىن: سىلەرگە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم كەلمىگەنمىدى؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: كەلگەن دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتمەي ۋە كىتاب نازىل قىلماي تۇرۇپ، ھېچكىمنى جازالىمايدۇ. قانداق بىر قەۋم ياكى شەخسكە ئۇنىڭ ئەمرى

يەتمىگەن بولسا، ئۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۆزى ئۇلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇ يەردە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك گاس، گاچا، ساراڭ، ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەر ۋە پەيغەمبەر كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنلەر توغرىسىدىمۇ ئاللاھ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەر ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەردە مۇنداق دېيىلگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: دوزاخقا كىرىڭلار، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، دوزاخقا كىرسە، دوزاخ ئۇلارغا سالقىن ۋە خاتىرجەم بىر جايغا ئايلىنىدۇ، دوزاخقا كىرگىلى ئۇنىمىغانلار، ئۇنىڭغا سۆرەپ كىرگۈزۈلىدۇ. (مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد 4-توم، 24-بەت، سەھىھ ئىبنى ھىببان -توم، 226-بەت، ئەلبانى سەھىھۇل جامىئ سەغىر 881-ھەدىس) كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن باللار ھەققىدە ئىختىلاپ بار. مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن باللىرى جەننەتكە كىرىدۇ، ئەمما كاپىرلارنىڭ كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن باللىرى ھەققىدە ئىختىلاپ بار، بەزى ئۆلىمالار ئۇلارنى جەننەتكە كىرىدۇ، دېسە، بەزىلەر جەھەننەمگە كىرىدۇ، دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇلار ئارىلىقتا تۇرۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: مەھشەرگاھتا ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغانلار جەننەتكە كىرىدۇ، بويسۇنمىغانلار جەھەننەمگە كىرىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ سۆزنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ، بۇ سۆز مۇشۇ ھەقتە كەلگەن ھەر خىل رىۋايەتلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ. (تەپسىلاتىنى تەپسىرى ئىبنى كەسىردىن كۆرگەيسىز). ئەمما سەھىھۇل بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدىن مەلۇم بولىدۇكى، مۇشرىكلارنىڭ باللىرىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى ۋە فەتھۇلبارى-312، 1385-ھەدىس)

② بۇ ئايەتتە شۇنداق بىر پرىنسىپ بايان قىلىنىدىكى، شۇنىڭغا ئاساسەن قەۋملەرنىڭ ھالاك قىلىنىشى قارار قىلىنىدۇ. ئۇ پرىنسىپ شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى دۆلەتمەن ئادەملەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشقا باشلايدۇ، باشقا كىشىلەر ئۇلارغا ئەگىشىدۇ، شۇ تەرىقىدە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ئەۋج ئالىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار ئازابقا ھەقلىق بولىدۇ.

وَكَمْ أَهْلَكْنَا مِنَ ٱلْقُرُونِ مِنۢ بَعْدِ نُوحٍۢ ۗ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ بِذُنُوبِ
عِبَادِهِۦ خَبِيرًۢا بَصِيرًا ﴿١٧﴾ مَّن كَانَ يُرِيدُ ٱلْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُۥ
فِيهَا مَا نَشَآءُ لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ جَعَلْنَا لَهُۥ جَهَنَّمَ يَصْلَىٰهَا مَذْمُومًا
مَّدْحُورًا ﴿١٨﴾ وَمَنْ أَرَادَ ٱلْـَٔاخِرَةَ وَسَعَىٰ لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ
فَأُو۟لَـٰٓئِكَ كَانَ سَعْيُهُم مَّشْكُورًا ﴿١٩﴾ كُلًّا نُّمِدُّ هَـٰٓؤُلَآءِ وَهَـٰٓؤُلَآءِ مِنْ
عَطَآءِ رَبِّكَ ۚ وَمَا كَانَ عَطَآءُ رَبِّكَ مَحْظُورًا ﴿٢٠﴾ ٱنظُرْ كَيْفَ فَضَّلْنَا
بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۚ وَلَلْـَٔاخِرَةُ أَكْبَرُ دَرَجَـٰتٍ وَأَكْبَرُ تَفْضِيلًا ﴿٢١﴾

***نۇھتىن كېيىن، نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى (كۇفرىلىقى سەۋەبلىك) ھالاك قىلدۇق① ، پەرۋەردىگارىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرۇشتا، كۆرۈپ تۇرۇشتا يېتەرلىكتۇر [17]. كىمكى بۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان (دۇنيا مەنپەئەتلىرى) نى كۆزلەيدىكەن، بىز دۇنيادا (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن) ئۆزىمىز خالىغان ئادەمگە ئۆزىمىز خالىغاننى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا جەھەننەمنى (تەيىن) قىلىمىز، ئۇ خارلانغان، (رەھمىتىمىزدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ② [18]. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەت ئۈچۈن لايىقىدا ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئەنە شۇلارنىڭ ئەمەلى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل قىلىنىدۇ③ [19]. مۇشۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ھەربىرىگە رەببىڭنىڭ ئاتا - ئېھسانلىرىدىن بېرىمىز. رەببىڭنىڭ ئاتا - ئېھسانى (دۇنيادا ھېچكىمگە) چەكلەنگەن ئەمەس④ [20]. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن. ئاخىرەتتىكى دەرىجىلەر تېخىمۇ چوڭدۇر، (ئۇنىڭدىكى) ئۈستۈنلۈك تېخىمۇ كاتتىدۇر⑤ [21].***

① بۇلارمۇ مەزكۇر ھالاك قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ھالاك قىلىندى.

② يەنى دۇنيانى تەلەپ قىلغان ھەر قانداق كىشىگە دۇنيا بېرىلمەيدۇ، ئۇنى پەقەت بىز كىمگە خالىساق، شۇنىڭغا بېرىمىز، يەنە ئۇنىڭغا ئۇ قانچىلىك خالىسا، شۇنچىلىك بېرىلمەيدۇ، بىز قانچىلىك بېرىشنى قارار قىلساق، شۇنچىلىك بېرىمىز. پەقەت دۇنيانىلا تەلەپ قىلغاننىڭ

نەتىجىسى خار ھالدا جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىش بولىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قەدىر-قىممىتى بولىدىغان ئۈچ نەرسە بايان قىلىنىدى، 1-ئاخىرەتنى كۆزلەش يەنى ئىخلاس، سەمىمىيلىك، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەش، 2-لايىقىدا ئەمەل قىلىش يەنى ئەمەلنىڭ سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، 3-ئىمان، چۈنكى ئىمانسىز تۇرۇپ قىلغان ھەر قانداق ئەمەل ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنى ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىمان بىلەن بىرگە سەمىمىي بولۇش ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇش شەرتتۇر.

④ يەنى دۇنيادىكى رىزىق ۋە ياخشى شارائىتلارنى مۆئمىن ۋە كاپىر دەپ ئايرىماستىن دۇنيانى كۆزلەيدىغانلارغىمۇ ۋە ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغانلارغىمۇ بېرىمىز. رەببىڭنىڭ نېمەتلىرى ھېچكىمدىن چەكلەنمەيدۇ.

⑤ دۇنيانىڭ بۇ نېمەتلىرى بەزىلەرگە ئاز، بەزىلەرگە كۆپ تېگىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەنە شۇنداق رىزىق تەقسىم قىلىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتىكى دەرىجىلەر ۋە ئۈستۈنلۈكلەر ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ ۋە تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئۇ پەرق شۇكى، مۆئمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ؛ كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ.

لَّا تَجۡعَلۡ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتَقۡعُدَ مَذۡمُومٗا مَّخۡذُولٗا ﴿٢٢﴾ ۞ وَقَضَىٰ
رَبُّكَ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنًاۚ إِمَّا يَبۡلُغَنَّ عِندَكَ
ٱلۡكِبَرَ أَحَدُهُمَآ أَوۡ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَآ أُفّٖ وَلَا تَنۡهَرۡهُمَا وَقُل
لَّهُمَا قَوۡلٗا كَرِيمٗا ﴿٢٣﴾ وَٱخۡفِضۡ لَهُمَا جَنَاحَ ٱلذُّلِّ مِنَ ٱلرَّحۡمَةِ وَقُل
رَّبِّ ٱرۡحَمۡهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرٗا ﴿٢٤﴾

***ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى (شېرىك) قىلمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ) ئەيىبلەنگەن، خارلانغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىسەن [22]. پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ***

***قىلىشقانلارنى پەرز قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ يېنىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا، ئۇف! دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن). ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن① [23]. ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر، مۇلايىم بولغىن② ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە (مېھرى بىلەن) تەربىيىلىگەندەك، سەن ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن [24].***

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا ئەمر قىلغاندىن كېيىنلا ئىككىنچى رەتتە ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدى، بۇنىڭدىن ئاتا-ئانىغا بويسۇنۇش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئۇلارغا ئەدەپ ۋە ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئايان بولىدۇ، يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتا-ئانىغا بويسۇنۇش ئىنتايىن مۇھىمدۇر، ھەدىسلەردىمۇ بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئالاھىدە تەكىتلەندى ھەم ئۇنىڭ زۆرۈرلىكى ئوچۇق بايان قىلىندى. ھەتتا ياشىنىپ قالغان ۋاقىتتا ئۇلارغا نارازىلىقنى بىلدۈرىدىغان ئوھۇي چاغلىق سۆزنى قىلىش، ئۇلارغا كايىش ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەش چەكلەندى. چۈنكى ئاتا-ئانا قېرىغاندا ئاجىز، ئالدىراقسان ۋە تېرىككەك بولۇپ قالىدۇ. باللار بولسا، كۆچلۈك، ئاكتىپ، تۇرمۇش لازىمەتلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە تەسەررۇپ قىلىدىغان بولىدۇ، ياشلاردىكى گۆدەكلىك ۋە ھېسسىياتچانلىق ياشانغانلاردىكى ئىسسىق-سوغۇق تەجرىبىلەر بىلەن زىتلىشىپ قالىدۇ، دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاتا-ئانىغا ئەدەپ-ئېھتىرام بىلەن سۆز قىلىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققىنى لايىقىدا ئادا قىلغانلار، خىزمىتىنى قىلغانلار، ئىتائەت قىلغانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەزىز بولىدىغانلاردۇر.

② ﴿ جَنَاحَ ﴾ يەنى قۇش بالىسىغا مېھرىبانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قانىتىنى تۆۋەن قىلىدۇ، سەنمۇ ئاتا-ئاناڭغا كەمتەر بولغىن، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزگىن، خۇددى قۇش باللىرىنى ئاسرىغاندەك، ئۇلارنى ئاسرىغىن. ياكى ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: قۇش ئۇچىدىغان چاغدا قانىتىنى يايىدۇ، پەسكە چۈشىدىغاندا قانىتىنى تۆۋەن قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن قانىتىنى تۆۋەن قىلىش دېمەك ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدا كەمتەر ۋە

مۇلايىم بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

رَّبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمْۚ إِن تَكُونُواْ صَٰلِحِينَ فَإِنَّهُۥ كَانَ لِلْأَوَّٰبِينَ غَفُورًا ﴿٢٥﴾ وَءَاتِ ذَا ٱلْقُرْبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلْمِسْكِينَ وَٱبْنَ ٱلسَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا ﴿٢٦﴾ إِنَّ ٱلْمُبَذِّرِينَ كَانُوٓاْ إِخْوَٰنَ ٱلشَّيَٰطِينِۖ وَكَانَ ٱلشَّيْطَٰنُ لِرَبِّهِۦ كَفُورًا ﴿٢٧﴾ وَإِمَّا تُعْرِضَنَّ عَنْهُمُ ٱبْتِغَآءَ رَحْمَةٍ مِّن رَّبِّكَ تَرْجُوهَا فَقُل لَّهُمْ قَوْلًا مَّيْسُورًا ﴿٢٨﴾

***پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا - ئاناڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمىساڭلار)، شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [25]. تۇغقانغا، مىسكىنگە، (ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قالغان) مۇساپىرغا (خەيرى - ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن①، (پۇل - مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن [26]. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا بەكمۇ تۇزكور بولغان ئىدى② [27]. ئەگەر (سەن بىر نەرسە بېرىدىغان شارائىتتا بولمىغانلىقتىن) رەببىڭدىن كۈتىۋاتقان رەھمەت (رىزىق) نى كۆزدە تۇتۇپ، (ھازىرچە ئۇ موھتاجلارنى) قۇرۇق قول قايتۇرماقچى بولساڭ، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن③ [28].***

① قۇرئان كەرىمنىڭ مەزكۇر لەۋزىلىرىدىن مەلۇم بولىدىكى، كەمبەغەل ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئېھتىياجلىق مۇساپىرلارغا ياردەم قىلغانلىقنى ئۇلارغا ئېھسان قىلغانلىق دەپ قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى، بۇ ياردەم ئۇلارغا ئېھسان قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ، بەلكى بۇ بايلارنىڭ پۇل-ماللىرىدا مەزكۇر موھتاجلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ھەقتۇر، ئەگەر پۇلدار كىشى بۇ ھەقنى ئادا قىلمىسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇناھكار بولىدۇ، يەنى ھەقنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ، ئېھسان قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس. ئايەتتە ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ

ئاۋۋال تىلغا ئېلىنغانلىقمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىدە ياردەم قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇلارغا شەپقەت قىلىش سىلە-رەھىم دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش ئىسلامدا قاتتىق تەكىتلەنگەن ئەمەلدۇر.

② ﴿تَبْذِيرًا﴾ دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى " بِذْرٌ " (ئۇرۇق) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز دېھقان زېمىنغا ئۇرۇق چاچقاندا ئۇرۇقنىڭ بەلگىلەنگەن جايغا چۈشكەن ياكى چۈشمىگەنلىكىگە قارىماي، نەگە چۈشسە-چۈشسۇن دەپ ئۇرۇق چاچقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿تَبْذِيرًا﴾ يەنە ئىقتىسادنى بۇزۇپ-چېچىش، ئېھتىياجدىن ئارتۇق خىراجەت قىلىشنى، يەنى ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئۇرۇقنى چاچقاندەك چېچىپ، شەرىئەت بەلگىلىگەن چەكتىن ئاشۇرۇپ پۇل خەجلەشنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئاز بولسىمۇ دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىش بۇزۇپ-چېچىش ۋە ئىسراپ قاتارىغا كىرىدۇ. ئومۇمەن ھەر ئىككى ئەھۋال يۇقىرىدىكى «ئىقتىسادنى بۇزۇپ-چېچىش» قا كىرىدۇ. ئىسراپخورلۇق شۇ قەدەر چوڭ گۇناھ بولۇپ، ئىسراپخور شەيتانغا ئوخشاشتۇر، ھەر قانداق بىر سۈپەتتە شەيتانغا ئوخشاپ قىلىشتىن ۋە شەيتاننىڭ ئىللىتىنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىش ۋاجىپتۇر. شەيتان يەنە نېمەتكە تانغۇچى، تۇزكور دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ قىلىشتىن تېخىمۇ يىراق تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. يەنى ئەگەر سىلەر شەيتانغا ئوخشاش ئىش قىلساڭلار، سىلەرمۇ نېمەتكە تانغان تۇزكور بولۇپ قالىسىلەر. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى قولۇڭدا يېتەرلىك ئىقتىساد بولمىغاچقا پەرۋەردىگارىڭدىن مەرھەمىتىنى نازىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، كۈتۈپ تۇرغاندا، ياردەم سوراپ كەلگەن پېقىر ئۇرۇق-تۇغقانلار، مىسكىنلەر ۋە مۇساپىرلاردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرماقچى بولساڭ، يەنى ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ئۇلارغا يۇمشاق سۆزلەر بىلەن چىرايلىقچە ئۆزرە ئېيتقىن. يەنى ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن، مېھىر-شەپقەت ئىبارىلىرى بىلەن جاۋاب بەرگىن، يەنى بىر قىسىم كىشىلەر موھتاج بولۇپ كەلگەن پېقىر-مىسكىنلەرگە قوپاللىق قىلغاندەك قوپال مۇئامىلە قىلمىغىن.

وَلَا تَجۡعَلۡ يَدَكَ مَغۡلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبۡسُطۡهَا كُلَّ ٱلۡبَسۡطِ
فَتَقۡعُدَ مَلُومٗا مَّحۡسُورًا ﴿٢٩﴾ إِنَّ رَبَّكَ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ
وَيَقۡدِرُۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرَۢا بَصِيرٗا ﴿٣٠﴾ وَلَا تَقۡتُلُوٓاْ أَوۡلَٰدَكُمۡ
خَشۡيَةَ إِمۡلَٰقٖۖ نَّحۡنُ نَرۡزُقُهُمۡ وَإِيَّاكُمۡۚ إِنَّ قَتۡلَهُمۡ كَانَ خِطۡـٔٗا كَبِيرٗا ﴿٣١﴾

***قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىۋەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (بولمىسا) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن① [29]. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ②، چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىنى (ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، مەنپەئىتىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [30]. كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىمۇ، سىلەرنىمۇ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز. شەكسىزكى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھتۇر③ [31].***

① ئالدىنقى ئايەتتە چىرايلىقچە ئۆزرە ئېيتىش ۋە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەپ ۋە قائىدە بايان قىلىنغان ئىدى، بۇ ئايەتتە خىراجەت قىلىشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇ قائىدە شۇكى، ئىنسان بېخىللىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىغا خىراجەت قىلماي تۇرۇۋالمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى ۋە ئۇستىگە پەرز بولغان ھوقۇقلىرىنى چەكلەپ قويمىسۇن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسراپخورلۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىرىمىگە قارىماي پۇل-مالنى ئارتۇقچە خەجلىۋەتمىسۇن. بېخىللىقنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسان مالامەتكە قالىدۇ، يەنى ئەيىبلىنىشكە ۋە كەمسىتىلىشكە دۇچار بولىدۇ. ئىسراپخورلۇقنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسان ئىقتىسادىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ قالىدۇ، ﴿مَّحۡسُورًا﴾ (ھېرىپ چارچىغان، ھەسرەتتە قالغان) تولا مېڭىپ چارچاپ كەتكەن، ئولتۇرۇپ قالغان دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ھەددىدىن زىيادە خىراجەت قىلغان ئىسراپخورمۇ ئاخىرى قۇرۇق قول ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئەرەب تىلىدىكى «قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن» يەنى بېخىل بولىۋالمىغىن دېگەننى، «قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىۋەتمىگىن» يەنى ئىسراپ قىلمىغىن دېگەننى ئىپادىلەيدىغان ئىدىئوملۇق

ئىبارىلەردۇر. ﴿مَلُومًا مَّحْسُورًا﴾ بۇ ئىككى سۆز بىرلىكتە كەلگەن بولسىمۇ، ئالدىنقى ئىككى چەكلىمىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى مالامەت بېخىللىقنىڭ، پۇشايمان ئىسراپخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

② بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرگە تەسەللىي بېرىلگەنكى، ئۇلارنىڭ رىزقىنىڭ كەڭ بولمىغانلىقى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى رىزقىنىڭ تار ياكى كەڭ بولۇشى بەندىنىڭ مەنپەئەتىنى ئوبدان بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سىر-ھېكمەتنى ئۇ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ خالىسا، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى قارۇندەك باي قىلىۋېتىدۇ، خالىسا، ئۆزىنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىگە ئاران تۇرمۇش كەچۈرگىدەك رىزىق بېرىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىغا باغلىقتۇر. ئاللاھنىڭ بىر شەخسكە كۆپ رىزىق بەرگەنلىكى ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، شۇنىڭدەك بىر شەخسكە ئاران كۈن كەچۈرگىدەك رىزىق بەرگەنلىكىمۇ ئۇنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ.

③ بۇ چەكلىمە سۈرە ئەنئامنىڭ 151-ئايىتىدىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى. ھەدىستە بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قالسا ئەڭ چوڭ گۇناھ سانالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالاڭنىڭ سەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشىدىن (يەنى ئۇنىڭ تاماق يېيىشى بىلەن پېقىر بولۇپ قېلىشىڭدىن) قورقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھلار جۈملىسىدىن» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 4761-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 141-، 86 -ھەدىس) بۈگۈنكى كۈندە بالىلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ يېڭى بىر شەكلى ئوتتۇرىغا چىقتى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كىشىلەر «پىلانلىق تۇغۇت» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن قانۇنلۇق شەكىلدە بۇ ئېغىر جىنايەتنى سادىر قىلىۋاتىدۇ، ئەرلەر «سۈپەتلىك تەربىيەلەش» دېسە، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ «گۈزەللىكىنى» ئاسراش باھانىسى بىلەن بالىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

وَلَا تَقْرَبُواْ ٱلزِّنَىٰٓۖ إِنَّهُۥ كَانَ فَٰحِشَةً وَسَآءَ سَبِيلًا ﴿٣٢﴾ وَلَا تَقْتُلُواْ
ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّۗ وَمَن قُتِلَ مَظْلُومًا فَقَدْ جَعَلْنَا
لِوَلِيِّهِۦ سُلْطَٰنًا فَلَا يُسْرِف فِّي ٱلْقَتْلِۖ إِنَّهُۥ كَانَ مَنصُورًا ﴿٣٣﴾ وَلَا

تَقْرَبُواْ مَالَ ٱلْيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّىٰ يَبْلُغَ أَشُدَّهُۥۚ وَأَوْفُواْ بِٱلْعَهْدِۖ

***زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر① [32]. ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەڭلار② ، ئەمما ھەقلىق رەۋىشتە (شەرىئەت پەتىۋاسى بىلەن قىساس ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت) تولۇق ھوقۇقنى ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنىنىڭ (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ) قولىدا قىلدۇق، ئۇ قىساس ئېلىشتا چەكتىن ئاشمىسۇن (يەنى قاتىلدىن غەيرىنى ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن)، ئۇ (قىساس ئېلىشتا ئاللاھ تەرەپتىن) ھەقىقەتەن ياردەمگە ئېرىشكۈچىدۇر③ [33]. يېتىمنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە يېقىنلاشماڭلار، بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر④ (ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن) ئەڭ ئۇيغۇن ئۇسۇلدا يېقىنلىشىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار.***

① ئىسلامدا زىنا ئەڭ چوڭ جىنايەت ھېسابلىنىدۇ، شۇ ۋەجىدىن توي قىلغان ئەر ياكى ئايال بۇ جىنايەتنى سادىر قىلسا، شەرىئەت بەلگىلىگەن شەرتكە ئاساسەن ئۇنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭ ئىسلامىي جەمئىيەتتە ياشاش ھوقۇقى بولمايدۇ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاش يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنى جەمئىيەتتە كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتە ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار﴾ دەپ كەلدى، يەنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەب ۋە ئامىللاردىن يىراق تۇرۇڭلار، مەسىلەن: نامەھرەم ئاياللارغا قاراش، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە پاراڭلىشىش يەنە ئاياللارنىڭ ھىجابسىز گىرىم قىلىپ سىرتقا چىقىشى قاتارلىق ئامىللاردىن ساقلىنىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا زىنانىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

② «ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش» دېگەن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى قىساس جەمئىيەتتە ئامانلىق ۋە

خاتىرجەملىك بەرپا قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭدەك تويى قىلغان تۇرۇپ زىنا قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە دىندىن يېنىۋالغان مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈش ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

③ يەنى شەرىئەت قازىسى تەرىپىدىن ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى قاتىلدىن قىساس ئېلىش ياكى دىيەت ئېلىش ياكى ئەپۇ قىلىشقا ھوقۇقلۇقتۇر، ئۇلارغا بۇ ئىشتا ئىختىيار بېرىلگەندۇر. ئەگەر ئۇلار پەقەت قىساس ئېلىشنى ئىختىيار قىلسا، بۇنىڭدا چەكتىن ئاشمىسۇن، بىر ئادەمنىڭ بەدىلىگە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرمىسۇن، قاتىلنى قىينىماي ئۆلتۈرسۇن، جەسىتىنى پارچىلىمىسۇن. ئۇلار ﴿ھەقىقەتەن ياردەمگە ئېرىشكۈچىدۇر﴾ يەنى ھاكىملار ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا ياردەم قىلىشقا ئاللاھىدە بۇيرۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا كۆپ شۈكۈر قىلىش كېرەككى ھەددىدىن ئېشىپ، ناشۈكۈرلۈك قىلماسلىق لازىم.

④ ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا ھەر قانداق جان ئىگىسىنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن چەكلىگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە بولسا مال-مۈلۈكنى زايە قىلىۋېتىشتىن چەكلەۋاتىدۇ. مال-مۈلۈكلەر ئىچىدە يېتىمنىڭ مال-مۈلكى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا يېتىملارنىڭ مال-مۈلۈكىنى ئۇلار چوڭ بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇلارغا پايدا بولىدىغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلىشقا بۇيرىدى، يەنى يېتىملارنىڭ مال-مۈلۈكىنى پايدا-زىيىنى ئويلاشمايلا زىيان تارتىدىغان تىجارەتكە مەبلەغ سېلىۋەتمەڭلار ياكى يېتىملار چوڭ بولۇشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇزۇپ-چېچىۋەتمەڭلار.

إِنَّ ٱلۡعَهۡدَ كَانَ مَسۡـُٔولٗا ﴿٣٤﴾ وَأَوۡفُواْ ٱلۡكَيۡلَ إِذَا كِلۡتُمۡ وَزِنُواْ بِٱلۡقِسۡطَاسِ
ٱلۡمُسۡتَقِيمِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلٗا ﴿٣٥﴾ وَلَا تَقۡفُ مَا لَيۡسَ
لَكَ بِهِۦ عِلۡمٌۚ إِنَّ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡبَصَرَ وَٱلۡفُؤَادَ كُلُّ أُوْلَٰٓئِكَ كَانَ عَنۡهُ
مَسۡـُٔولٗا ﴿٣٦﴾ وَلَا تَمۡشِ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَرَحًاۖ إِنَّكَ لَن تَخۡرِقَ ٱلۡأَرۡضَ وَلَن
تَبۡلُغَ ٱلۡجِبَالَ طُولٗا ﴿٣٧﴾ كُلُّ ذَٰلِكَ كَانَ سَيِّئُهُۥ عِندَ رَبِّكَ
مَكۡرُوهٗا ﴿٣٨﴾ ذَٰلِكَ مِمَّآ أَوۡحَىٰٓ إِلَيۡكَ رَبُّكَ مِنَ ٱلۡحِكۡمَةِۗ وَلَا تَجۡعَلۡ

مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتُلْقَىٰ فِي جَهَنَّمَ مَلُومًا مَّدْحُورًا ﴿٣٩﴾

***چۈنكى، (قىيامەتتە) ئەھدىنىڭ سورىقى بار① [34]. ئۆلچىگەن ۋاقىتىڭلاردا تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىڭلار. بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) تولىمۇ ياخشىدۇر②، ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئوبداندۇر [35]. ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمە③ (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، چۈنكى قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوراققا تارتىلىدۇ④ [36]. سەن زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، چۈنكى سەن (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە غادايساڭمۇ) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن⑤ [37]. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يامان كۆرۈلىدىغان قەبىھ ئىشلاردۇر⑥ [38]. بۇلار پەرۋەردىگارىڭ ساڭا ۋەھيى قىلغان ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، (بولمىسا) مالامەت قىلىنغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن [39].***

① «ئەھدە» دېگەندىن ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە-مىساق يەنە ئىنسانلار ئۆز ئارا قىلىشقان ئەھدىنامە ۋە كېلىشىملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ھەر ئىككى خىل ئەھدىگە ۋاپا قىلىش زۆرۈردۇر. كىمكى ئەھدىنى بۇزسا، سوئال-سوراققا تارتىلىدۇ.

② ئەجىر-ساۋاب جەھەتتىنمۇ ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلچەمدە تولۇق بېرىش دىيانەتلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ پايدىلىقتۇر.

③ " قَفَا، يَقْفُو" ئەگەشتى، ئەگىشىدۇ دېگەن مەنىدە، ﴿لَا تَقْفُ﴾ سەن ﴿ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمە﴾ يەنى يامان گۇمان قىلما، باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدىمە، بىلمەيدىغان ئىشنى قىلما.

④ يەنى سەن ئەگەشكەن نەرسە توغرىسىدا مەزكۇر ئەزالار سوراققا تارتىلىدۇ، قۇلاقتىن ئۇنى ئاڭلىغانمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ، كۆزدىن ئۇنى كۆرگەنمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ، دىلدىن ئۇنى بىلگەنمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ، چۈنكى

بۇ ئۈچ ئەزا بىلىم ھاسىل قىلىش ۋاستىلىرىدۇر، يەنى مەزكۇر ئەزالارغا ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى سۆزلەش ئىقتىدارى ئاتا قىلىدۇ ئاندىن ئۇلارنى سوراقﻘا تارتىدۇ.

⑤ ھاكاۋۇرلارچە كىرىلىپ مېڭىشنى ئاللاھ تائالا قاتتىق يامان كۆرىدۇ. قارۇن مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆيى ۋە خەزىنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە يۇتقۇزۇلدى. (بۇ نۇقتا سۈرە قەسەس 81-ئايەتتە بايان قىلىندى). ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردىن بىرى ئىككى توننى كىيىپ، ئۆزىچە ھاكاۋۇرلارچە مېڭىپ كېتىۋاتاتتى، تۇساتتىن ئۇنى زېمىن يۇتۇپ كەتتى، ئۇ، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە زېمىننىڭ ئىچىدە ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ يۈرىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 5789-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2088-ھەدىس) ئاللاھ تائالا كەمتەرلىكنى ياقتۇرىدۇ، ئۇ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقانلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ.

⑥ يەنى مەزكۇر چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان قىلمىشلاردۇر.

أَفَأَصۡفَىٰكُمۡ رَبُّكُم بِٱلۡبَنِينَ وَٱتَّخَذَ مِنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنَٰثًاۚ إِنَّكُمۡ
لَتَقُولُونَ قَوۡلًا عَظِيمًا ﴿٤٠﴾ وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَا فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لِيَذَّكَّرُواْ
وَمَا يَزِيدُهُمۡ إِلَّا نُفُورًا ﴿٤١﴾ قُل لَّوۡ كَانَ مَعَهُۥٓ ءَالِهَةٞ كَمَا يَقُولُونَ
إِذٗا لَّٱبۡتَغَوۡاْ إِلَىٰ ذِي ٱلۡعَرۡشِ سَبِيلٗا ﴿٤٢﴾ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا
يَقُولُونَ عُلُوّٗا كَبِيرٗا ﴿٤٣﴾

*ئەجەبا رەببىڭلار سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟ شەكسىزكى، سىلەر (ۋابالى تولىمۇ) چوڭ بىر سۆزنى قىلىۋاتىسىلەر (ئىزاھات: بۇ پەرىشتىلەر «ئاللاھنىڭ قىزلىرى» دېگۈچىلەرگە قارىتىلغان) [40]. شەكسىزكى، ئۇلارنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ بۇ قۇرئاندا (ھەر خىل مەزمۇنلارنى) تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق①، بۇ ئۇلارغا (ھەقىقەتتىن) يىراقلىشىشتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايۋاتىدۇ [41]. ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان بولسا*

***ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ئەرشىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا (قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن) يول ئىزدىگەن بولاتتى② [42]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بوھتانلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئىنتايىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر③ [43].***

① يەنى بىر ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ھۆججەت ـ پاكىتلار، دەۋەت، تەرغىبات، ئاگاھلاندۇرۇش، مىساللار ۋە قىسسىلەرنى ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا قايتا ـ قايتا چۈشەندۇردۇق، لېكىن ئۇلار كۇفرى ـ شېرىكنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا شۇ قەدەر كىرىپ كەتكەنكى، ھەق تەرەپكە يېقىنلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يىراقلاشتى. چۈنكى ئۇلار قۇرئاننى كەرىمنى سېھىر، جادۇ، شېئىر دەپ قارىغان ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار قۇرئاندىن قانداقمۇ ھىدايەت ۋە توغرا يول ھاسىل قىلالىسۇن؟

② ئۇنىڭ بىر مەنىسى مۇنداق: بىر پادىشاھ يەنە بىر پادىشاھقا قارشى لەشكەر تارتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا ئۇرۇنغاندەك، بۇ مەبۇدلارمۇ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بىرەر يول ئىزدىگەن بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇ مەبۇدلارغا چوقۇنۇلغىنىغا نەچچە ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتتى، ھازىرغا قەدەر ئۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپ باقمىدى، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى يوق، پايدا ۋە زىيان يەتكۈزگۈچى ھەم يوق. ئىككىنچى مەنىسى: ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، مۇشرىكلار ھازىرغا قەدەر ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلىپ بولغان بولاتتى، بۇ مۇشرىكلار «بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىمۇ ئۇلارنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇپ بولغان بولاتتى.

③ يەنى ھەقىقەت شۇكى، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالا ھەققىدە «ئۇنىڭ شېرىكى بار» دەپ قىلغان بوھتانلىرىدىن ئاللاھ تائالا پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا
يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا
غَفُورٗا ﴿٤٤﴾ وَإِذَا قَرَأۡتَ ٱلۡقُرۡءَانَ جَعَلۡنَا بَيۡنَكَ وَبَيۡنَ ٱلَّذِينَ لَا

يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ حِجَابٗا مَّسۡتُورٗا ﴿٤٥﴾

*يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇداتمۇ ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر①، شەكسىزكى، ئاللاھ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [44]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن قۇرئان تىلاۋەت چېغىڭدا ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن بىر پەردە پەيدا قىلدۇق② [45].*

① يەنى ھەممە مەخلۇقات ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ، ھەربىرى ئۆز تەرىقىسى بويىچە ئاللاھ تائالاغا مەدھىيە ۋە تەسبىھ ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ قانداق تەسبىھ ۋە ھەمدە ئېيتقانلىقىنى بىلەلمەيمىز. بۇ نۇقتىنى قۇرئاندىكى باشقا ئايەتلەرمۇ كۈچلەندۈرىدۇ، مەسىلەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق كەلگەن: ﴿بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى (داۋۇدقا) بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى﴾. (سۈرە ساد 18ـ ئايەت). بىر قىسىم تاشلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿تاشلار ئارىسىدا ئاللاھتىن قورقۇپ (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار﴾. (سۈرە بەقەرە 74ـ ئايەت). بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز (بىر نەچچە قېتىم) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاماق يەۋاتقاندا، تاماقنىڭ تەسبىھ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق». (سەھىھۇل بۇخارى 3579ـ ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «چۈمۈلىلەرمۇ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3019ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2241ـ ھەدىس) «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇغاندا خورما ياغىچىدىن ياسالغان بىر تۈۋرۈككە يۆلىنەتتى. ياغاچتىن مۇنبەر ياسالغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تاشلاپ، مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇشقا باشلىدى، خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، ئۇ تۈۋرۈكتىن كىچىك بالىغا ئوخشاش يىغلىغان ئاۋاز كەلدى». (سەھىھۇل بۇخارى 3584ـ ھەدىس) «مەككىدە بىر تاش بار ئىدى،

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلىپ تۇراتتى». (سەھىھ مۇسلىم 2277-ھەدىس) مەزكۇر ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن مەلۇم بولدىكى، جانسىز نەرسىلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەردىمۇ بىر خىل ھېس-تۇيغۇ بولۇپ، ئۇلارمۇ شۇ ھېس-تۇيغۇلىرى بىلەن ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئەمما ئۇنى بىز چۈشەنمەيمىز. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ نەرسىلەر دالالەت يۈزىسىدىن تەسبىھ ئېيتىدۇ، يەنى ئۇ نەرسىلەر ئاللاھنىڭ پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. بېيىت:

ھەر نەرسىدە باردۇر ئۇنىڭ ئالامىتى،
بىر ئىلاھلىق ئۇلۇغ سۈپەت كارامىتى.

لېكىن توغرىسى شۇكى، بۇ ئايەتتىكى تەسبىھ دالالەت يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مەنىدە كەلگەن.

② ﴿مَسْتُورًا﴾ ئېنىق ئىسىم " سَاتِرٌ " (توسقۇچى) مەنىسىدە كەلگەن، ياكى " مَسْتُورٌ عَنِ الأَبْصَارِ " (كۆزلەردىن توسۇلغان ۋە پەردىلەنگەن) دېگەن مەنىدە. دېمەك كۆز بىلەن ھىدايەت ئارىسىنى توسۇپ تۇرغان پەردە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۇنى كۆرەلمەيدۇ.

وَجَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ وَفِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرًاۚ وَإِذَا
ذَكَرْتَ رَبَّكَ فِى ٱلْقُرْءَانِ وَحْدَهُۥ وَلَّوْا۟ عَلَىٰٓ أَدْبَٰرِهِمْ نُفُورًا ﴿٤٦﴾ نَّحْنُ
أَعْلَمُ بِمَا يَسْتَمِعُونَ بِهِۦٓ إِذْ يَسْتَمِعُونَ إِلَيْكَ وَإِذْ هُمْ نَجْوَىٰٓ إِذْ
يَقُولُ ٱلظَّٰلِمُونَ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا رَجُلًا مَّسْحُورًا ﴿٤٧﴾ ٱنظُرْ كَيْفَ
ضَرَبُوا۟ لَكَ ٱلْأَمْثَالَ فَضَلُّوا۟ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ سَبِيلًا ﴿٤٨﴾ وَقَالُوٓا۟ أَءِذَا
كُنَّا عِظَٰمًا وَرُفَٰتًا أَءِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقًا جَدِيدًا ﴿٤٩﴾ ۞ قُلْ كُونُوا۟
حِجَارَةً أَوْ حَدِيدًا ﴿٥٠﴾ أَوْ خَلْقًا مِّمَّا يَكْبُرُ فِى صُدُورِكُمْۚ

*قۇرئاننى چۈشەنمەيلا كەتسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، (ئۇنى ئاڭلىيالمىسۇن دەپ) ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق،*

سەن قۇرئان (ئوقۇغان)دا رەببىڭنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالساڭ، ئۇلار ئۈركۈپ ئارقىغا قېچىپ كېتىدۇ① [46]. ئۇلار ساڭا (يەنى تىڭشاۋاتقاندا) ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن (يەنى مەسخىرە ئۈچۈن) قۇلاق سالغانلىقىنى ۋە بۇ زالىملارنىڭ (سەن توغرۇلۇق) ئۆزئارا پىچىرلاشقاندا (مۇئمىنلەرگە): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن② بىر ئادەمگىلا ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېگەنلىكىنى بىز ئوبدان بىلىمىز [47]. ئۇلارنىڭ سەن توغرۇلۇق قانداق ئوخشىتىشلارنى كەلتۈرۈۋاتقانلىقىغا (يەنى بىردەم سېھىرگەر، بىردەم شائىر ۋە بىردەم مەجنۇن دېگەنلىكىگە) قارىغىن، ئۇلار بۇ (بوھتانلارنى چاپلاش) سەۋەبىدىن ئېزىپ كەتتى، شۇڭا ئۇلار (توغرا) يول تاپالمايدۇ③ [48]. ئۇلار: «بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، چوقۇم تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېيىشىدۇ④ [49]. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى سىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭلاردىكى ئەڭ كاتتا بىر جانلىق بولۇپ كەتسەڭلارمۇ⑤ (ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ).

① ﴿اَكِنَّةً﴾ " كِنَانٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، دىللارنى ئوراپ ئالغان پەردە دېگەن مەنىدە. ﴿وَقْرًا﴾ قۇلاقنىڭ ئېغىرلىقى ياكى قۇرئاننى ئاڭلاشقا توسالغۇ بولغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ دىللىرى قۇرئاننى چۈشىنىشتىن ئاجىز كەلگەن، قۇلاقلىرى قۇرئاننى ئاڭلاپ، ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن. ئۇلار ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئۆزلىرىنى شۇ قەدەر قاچۇرىدۇكى، ئۇنىڭ بىرلىكىنى ئاڭلاپ قالسا، ئۈركۈپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئايەتتە دىللارنى پەردىلىۋېتىش ۋە قۇلاقلارنى ئېغىر قىلىشتىن ئىبارەت پېئىللارنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىنغانلىقى ئۇنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى بولغانلىقىدىندۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۆزلىرىنىڭ تەرسالىقى ۋە جاھىللىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

② يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىرلەنگەن دەپ قارايتتى، شۇنداق چۈشەنچە بىلەن قۇرئاننى تىڭشايتتى ۋە ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى، شۇ ۋەجىدىن ھىدايەتتىن مەھرۇم قالدى.

③ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گاھى سېھىرگەر دېسە، گاھى سېھىرلەنگەن دەيتتى، بەزىدە ساراڭ، مەجنۇن دېسە، بەزىدە كاھىن دەيتتى. ئۇلار مۇشۇنداق گۇمراھلىقتا چۆمۈپ كېتىۋاتقان تۇرسا، قانداقمۇ ھىدايەت تاپالىسۇن؟

④ تاش ۋە سۆڭەكتىنمۇ قاتتىق نەرسە بولۇپ كەتسەڭلەرمۇ ياكى سىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭلاردا قايتا ھايات ھالىتىگە قايتۇرۇش ئەڭ مۇشكۇل دەپ قارايدىغان بىر مەخلۇق بولساڭلارمۇ، ئاللاھ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ.

⑤ يەنى سىلەر تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ھەر قانچە قاتتىق نەرسە بولۇپ كېتىپ، «ئەمدى بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دېسەڭلارمۇ، سىلەرنى يەنىلا ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ.

فَسَيَقُولُونَ مَن يُعِيدُنَا ۖ قُلِ ٱلَّذِى فَطَرَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ ۚ فَسَيُنْغِضُونَ
إِلَيْكَ رُءُوسَهُمْ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هُوَ ۖ قُلْ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ قَرِيبًا ﴿٥١﴾
يَوْمَ يَدْعُوكُمْ فَتَسْتَجِيبُونَ بِحَمْدِهِۦ وَتَظُنُّونَ إِن لَّبِثْتُمْ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٥٢﴾
وَقُل لِّعِبَادِى يَقُولُوا۟ ٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ ۚ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ يَنزَغُ بَيْنَهُمْ ۚ إِنَّ
ٱلشَّيْطَٰنَ كَانَ لِلْإِنسَٰنِ عَدُوًّا مُّبِينًا ﴿٥٣﴾

*ئاندىن ئۇلار: «بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ، (ئۇلارغا جاۋابەن): «سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن، ئۇلار (مەسخىرە بىلەن) ساڭا باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپ①: «ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ، (سەن) «بەلكىم، ئۇ يېقىندا بولىدۇ»② دېگىن [50-51]. شۇ كۈنىدە ئاللاھ سىلەرنى چاقىرىدۇ③، سىلەر ئۇنىڭغا مەدھىيە ئېيتىپ ئاۋاز قوشىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تۇرغانىدەك ئويلاپ قالىسىلەر④ [52]. بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار (گەپ قىلغاندا ۋە مۇنازىرىلەشكەندە) ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن⑤، شەكسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزماقچى بولىدۇ⑥، چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر [53].*

① " أَنْغَضَ، يُنْغِضُ" مەنىسى باش لىڭشىتماق، باش چايقىماق، يەنى ئۇلار مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن باشلىرىنى چايقاپ، قايتا تىرىلىش قاچان بولىدۇ؟ دەيدۇ.

② ﴿قَرِيْبًا﴾نىڭ مەنىسى كېلىشى مۇقەررەر بولغان نەرسە. كېلىشى مۇقەررەر بولغان ھەر قانداق نەرسە يېقىن بولىدۇ، كېلىۋاتقان ھەرقانداق نەرسە ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ. ﴿عَسٰى﴾ دېگەن سۆزمۇ قۇرئاندا شەكسىز، چوقۇم يۈز بېرىدىغان ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، دېمەك، قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ۋە شەكسىزدۇر.

③ «چاقىرىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى، ئاللاھ سىلەرنى قەبرىلەردىن چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا ھازىر قىلىدۇ، دېمەك سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتقان ھالدا چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنىسىلەر ياكى ئۇنى تونۇغان ھالدا دەرگاھىغا ھازىر بولىسىلەر.

④ يەنى ئۇ يەردە دۇنيا ھاياتى ناھايىتى ئاز ۋاقىتتەك بىلىنىدۇ. ﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)﴾. (سۈرە نازىئات 13 ـ، 14 ـ ئايەتلەر) بۇ نۇقتا يەنە سۈرە تاھا 102 ـ، 104 ـ ئايەتلەر، سۈرە رۇم 55 ـ ئايەت، سۈرە مۇئمىنۇن 112 ـ، 113 ـ ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىنغان. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا، بارلىق ئۆلۈكلەر تىرىلدۈرۈلۈپ، قەبرىلىرىدىن چىقىرىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنغاندا، مەھشەر مەيدانىغا ھېساب ئېلىش ئۈچۈن جەملىنىدۇ. ئىككى سۇرنىڭ ئارىسىدا قىرىق يىل مۇددەت بولىدۇ، بۇ ئارىلىقتا ئۇلارغا ھېچقانداق ئازاب بولمايدۇ، ئۇلار ئۇخلايدۇ، ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا ئۇلار: ﴿ۋاي ئىسىت! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن كىم ئويغاتتى؟﴾ دەيدۇ. (سۈرە ياسىن 52 ـ ئايەت) (فەتھۇلقەدىر) ئالدىنقى ئىزاھات ئەڭ توغرىدۇر.

⑤ يەنى ئۆزئارا سۆزلەشكەندە ئازار بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ئېھتىيات قىلسۇن، ياخشى گەپلەرنى قىلسۇن. شۇنىڭدەك كاپىرلار، مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتاب بىلەن مۇنازىرىلەشكەندىمۇ مۇلايىم بولۇپ، گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن سۆزلەشسۇن.

⑥ تىلدىن سادىر بولغان كىچىككىنە خاتالىقتىنمۇ سىلەرنىڭ ئوچۇق ۋە ئەزەلىي دۈشمىنىڭلار بولغان شەيتان ئاراڭلاردا ئاداۋەت ۋە پىتنە پەيدا

قىلالايدۇ ياكى كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىدا سىلەرگە قارىتا زىيادە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلالايدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھېچ قايسىڭلار ئۆزىنىڭ (مۇسۇلمان) قېرىندىشىغا تىغ تەڭلىمىسۇن. چۈنكى ئۇ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن تىغنى قولىدىن چىقىرىۋېتىپ (مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ)، شۇ سەۋەب بىلەن ئۆزىنىڭ دوزاخنىڭ ئازگىلىغا چۈشۈپ كېتىشىنى بىلمەيدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 7072ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2617ـ ھەدىس)

رَّبُّكُمۡ أَعۡلَمُ بِكُمۡۖ إِن يَشَأۡ يَرۡحَمۡكُمۡ أَوۡ إِن يَشَأۡ يُعَذِّبۡكُمۡۚ وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ وَكِيلٗا ﴿٥٤﴾ وَرَبُّكَ أَعۡلَمُ بِمَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَلَقَدۡ فَضَّلۡنَا بَعۡضَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ عَلَىٰ بَعۡضٖۖ وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ زَبُورٗا ﴿٥٥﴾ قُلِ ٱدۡعُواْ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُم مِّن دُونِهِۦ فَلَا يَمۡلِكُونَ كَشۡفَ ٱلضُّرِّ عَنكُمۡ وَلَا تَحۡوِيلًا ﴿٥٦﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ يَبۡتَغُونَ إِلَىٰ رَبِّهِمُ ٱلۡوَسِيلَةَ أَيُّهُمۡ أَقۡرَبُ وَيَرۡجُونَ رَحۡمَتَهُۥ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُۥٓۚ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحۡذُورٗا ﴿٥٧﴾

*رەببىڭلار سىلەرنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، خالىسا سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ، خالىسا سىلەرنى ئازابلايدۇ①، بىز سېنى ئۇلارغا ھامىي قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق② [54]. رەببىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق③، داۋۇتقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق [55]. (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەۋالغان نەرسەڭلارغا يالۋۇرۇپ بېقىڭلارچۇ، ئۇلار سىلەردىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكىمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشقىمۇ قادىر ئەمەس [56]. ئۇلارنىڭ (ئىلاھ دەپ) چوقۇنۇۋاتقان ئۇ كىشىلىرى (ئىيسا، ئۇزەير ۋە پەرىشتىلەر) قانداق قىلساق ئاللاھقا يېقىن بولارمىز دەپ رەببىگە (ۋەسىلە) يېقىن بولۇش يولىنى ئىزدەپ دۇئا قىلىدۇ، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئازابىدىن قورقىدۇ④.*

*رەببىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر [57].*

① بۇ يەردىكى خىتاب ئەگەر مۇشرىكلارغا قارىتىلغان بولسا، «رەھىم قىلىدۇ» دېگەنىنىڭ مەنىسى: سىلەرنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. «ئازاب قىلىدۇ» دېگەنىنىڭ مەنىسى: مۇشرىك ھالەتتە ۋاپات قىلدۇرىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئازابقا لايىق بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردىكى خىتاب ئەگەر مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان بولسا، «رەھىم قىلىدۇ» دېگەنىنىڭ مەنىسى: ئاللاھ سىلەرنى كاپىرلاردىن ھىمايە قىلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. «ئازاب قىلىدۇ» دېگەنىنىڭ مەنىسى: كاپىرلارغا مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا مۇسەللەت قىلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

② يەنى سەن ئۇلارنى چوقۇم كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن چىقىرىۋېتىشكە ياكى ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلىقىغا جاۋابكار ئەمەس.

③ بۇ نۇقتىا]﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾. (سۈرە بەقەرە 253-ئايەت) تە ئىلگىرى بايان قىلىنىپ بولغان ئىدى، بۇ ئايەتتە مەككە كاپىرلىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن قايتا تەكرارلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار: ئاللاھقا پەيغەمبەرلىككە تاللاشقا مۇشۇ مۇھەممەدتىن باشقىسى تېپىلمىغانمىدۇ؟ دېگەن ئىدى. بۇ يەردە ئۇلارغا رەددىيە بېرىلدى، يەنى پەيغەمبەرلىككە كىمنى تاللاش ۋە بىر پەيغەمبەرنى يەنە بىر پەيغەمبەردىن ئۈستۈن قىلىش ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر.

④ مەزكۇر ئايەتتىكى ﴿ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەۋالغان نەرسەڭلار﴾ دېگەندىن مۇشرىكلار چوقۇنۇپ كەلگەن پەرىشتىلەر، بۇتلار ۋە بۇزرۇكلارنىڭ ھەيكەللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى يەھۇدىي ۋە ناسارالار ئاللاھنىڭ ئوغلى ۋە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇزەير ۋە مەسىھ (ئىيسا) ئەلەيھىسسالاملار ياكى بىر تۈركۈم جىنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ جىنلار مۇسۇلمان بولغان ئىدى، ئىلگىرى مۇشرىكلار ئۇلارغا چوقۇناتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 4714-ھەدىستە كەلگەنىدەك) شۇڭا بۇ ئايەتتە بايان قىلىنىۋاتىدۇكى، ئۇشبۇ مەبۇدلارمۇ رەببىگە يېقىن بولۇشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئازابىدىن قورقىدۇ، بۇنداق سۈپەتلەر جانسىز نەرسىلەردە بولمايدۇ. بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھتىن باشقا

ئىبادەت قىلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە پەقەت تاشتىن ياسالغان بۇتلارلا بولماستىن، بەلكى يەنە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر قىسىم پەرىشتىلەر، سالىھ كىشىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە جىنلارمۇ بار ئىدى. بۇ ئايەتتە تەكىتلەنگەن نۇقتا شۇكى، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئۇلار نە بىر كىشىدىن ئاغرىقنى كۆتۈرىۋېتەلمەيدۇ، نە بىر ئىنساننىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ (ئىلاھ دەپ) چوقۇنۇۋاتقان ئۇ كىشىلىرى قانداق قىلساق ئاللاھقا يېقىن بولارمىز دەپ رەببىگە (ۋەسىلە) يېقىن بولۇش يولىنى ئىزدەپ دۇئا قىلىدۇ﴾ دېگەنىنىڭ مەنىسى ئۇلارمۇ ياخشى ئەمەللىرى ئارقىلىق رەببىگە يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ يەنى ياخشى ئەمەللىرىنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشقا ۋەسىلە قىلىدۇ. مانا بۇ قۇرئان كۆرسەتكەن ۋەسىلىدۇر، قەبرىگە چوقۇنغۇچىلار دەۋا قىلغان ۋەسىلە ئەمەس. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىر قىلىشنى، ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە يوپۇق يېپىشنى، مازارلىققا بېرىپ تاۋاپ قىلىش، توپىلۇشۇپ پائالىيەت قىلىش، قەبرىدىكى مۇردىلاردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەشنى ۋەسىلە دەپ قارايدۇ، بۇ ۋەسىلە قىلغانلىق ئەمەس بەلكى ئىبادەت قىلغانلىق ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ ھەر مۇسۇلماننى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

وَإِن مِّن قَرۡيَةٍ إِلَّا نَحۡنُ مُهۡلِكُوهَا قَبۡلَ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَوۡ مُعَذِّبُوهَا عَذَابٗا شَدِيدٗاۚ كَانَ ذَٰلِكَ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مَسۡطُورٗا ﴿٥٨﴾ وَمَا مَنَعَنَآ أَن نُّرۡسِلَ بِٱلۡأٓيَٰتِ إِلَّآ أَن كَذَّبَ بِهَا ٱلۡأَوَّلُونَۚ

***(كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان) ھەرقانداق بىر يۇرت بولسۇن، ئۇنى بىز قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ھالاك قىلىمىز ياكى ئۇنى قاتتىق ئازابلايمىز، بۇ كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) پۈتۈلۈپ كەتكەن (ھۆكۈم) دۇر① [58]. (مۇشرىكلار تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى ئەۋەتمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى سەۋەبىدىندۇر② .***

① بۇ يەردىكى ﴿الْـكِتَٰبِ﴾ دېگەندىن لەۋھۇلمەھپۇز كۆزدە تۇتۇلىدۇ،

دېمەك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بەلگىلىنىپ بولغان ۋە لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلىپ بولغان ھۆكۈم شۇكى، بىز كاپىرلارنىڭ ھەربىر يۇرتىنى يەنى يۇرت ئەھلىنى ياكى ئۆلۈم بىلەن ھالاك قىلىمىز ياكى قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايمىز. بۇ يەردىكى يۇرت دېگەن شۇ يۇرتتا ياشايدىغانلارنى كۆرستىدۇ. ھالاك قىلىشنىڭ سەۋەبى بولسا ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى، ئاللاھقا شېرىك قوشقانلىقى، زۇلۇم قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقىدۇر. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، بۇ ھالاكەت قىيامەتتىن بۇرۇن بولىدۇ. بولمىسا، قىيامەت بولغان چاغدىكى ھالاك قىلىشتا ھەرقانداق بىر يۇرت كاپىر ۋە مۇسۇلمان دەپ ئايرىلماستىن گۇمران قىلىنىدۇ.

② بۇ ئايەت چۈشكەن ۋاقىت دەل مەككە كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سافا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشىنى ۋە زىرائەت تېرىش ئۈچۈن مەككە تاغلىرىنى باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىت ئىدى. ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەككىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سافا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشىنى ۋە زىرائەت تېرىشلىرى ئۈچۈن (مەككىنىڭ قېشىدىكى) تاغلارنى باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن (ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيي ئارقىلىق) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەگەر خالىساڭ ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمىز، خالىساڭ ئۇلارغا تەلەپ قىلغانلىرىنى قىلىپ بېرىمىز. ئەگەر ئۇلار (تەلەپ قىلغانلىرىغا ئېرىشىپ بولۇپ يەنە) ئىمان ئېيتمىسا، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ھالاك قىلىنغاندەك ھالاك قىلىنىدۇ، دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئى ئاللاھ، ئۇلارغا مۆھلەت بەرگىن» دېدى. (مۇسنەدى ئەھمەد 1 ـ توم، 258 ـ بەت، 2333 ـ ھەدىس، ئەھمەد شاكىر بۇ ھەدىسنى سەھىھ دېگەن) بۇ ئايەتتىمۇ مەزكۇر نۇقتا بايان قىلىنىپ دېيىلدىكى، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە لايىق مۆجىزە چۈشۈرۈش بىز ئۈچۈن قىيىن ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ ئالدىراپ مۆجىزە چۈشۈرمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىلگىرىكى قەۋملەرمۇ ئۆز خاھىشلىرى بويىچە مۆجىزە تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇلار مۆجىزە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتمىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ھالاك قىلىندى.

وَءَاتَيْنَا ثَمُودَ ٱلنَّاقَةَ مُبْصِرَةً فَظَلَمُوا۟ بِهَا ۚ وَمَا نُرْسِلُ بِٱلْـَٔايَـٰتِ إِلَّا

تَخۡوِيفٗا ۝٥٩ وَإِذۡ قُلۡنَا لَكَ إِنَّ رَبَّكَ أَحَاطَ بِٱلنَّاسِۚ وَمَا جَعَلۡنَا
ٱلرُّءۡيَا ٱلَّتِيٓ أَرَيۡنَٰكَ إِلَّا فِتۡنَةٗ لِّلنَّاسِ وَٱلشَّجَرَةَ ٱلۡمَلۡعُونَةَ فِي ٱلۡقُرۡءَانِۚ
وَنُخَوِّفُهُمۡ فَمَا يَزِيدُهُمۡ إِلَّا طُغۡيَٰنٗا كَبِيرٗا ۝٦٠ وَإِذۡ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ
ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ قَالَ ءَأَسۡجُدُ لِمَنۡ خَلَقۡتَ
طِينٗا ۝٦١

***بىز سەمۇد قەۋمىگە ئوپئوچۇق بىر مۆجىزە سۈپىتىدە چىشى تۆگىنى بەردۇق، ئۇلار بولسا ئۇنى ئىنكار قىلدى① (شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق)، بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز [59]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىز ساڭا «رەببىڭ ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن) قورشاپ تۇرىدۇ»② دەپ ئېيتقان ئىدۇق. بىز ساڭا (مېراج كېچىسى) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخ (زەققۇم دەرىخى)نى پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن سىناق قىلدۇق③. بىز ئۇلارنى قورقۇتىمىز. بىزنىڭ قورقۇتۇشىمىز ئۇلارغا چوڭ بىر يولسىزلىقتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدۇ ④[60]. ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار!» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس: «سەن لايدىن ياراتقان ئادەمگە سەجدە قىلامدىمەن؟» دېدى [61].***

① بۇ ئايەتتە سەمۇد قەۋمى مىسال ئۈچۈن كەلتۈرۈلدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەلىۋى بويىچە تاشتىن تۆگە چىقىرىپ كۆرسىتىلگەن ئىدى، لېكىن بۇ زالىملار ئىمان كەلتۈرمەستىن تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئازاب كەلدى.

② يەنى ئىنسانلار ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشى، كونتروللىقى ۋە تەسەررۇپى ئاستىدا بولىدۇ، شۇڭا ئىشلار ئىنسانلار خالىغان بويىچە ئەمەس، ئاللاھ خالىغان بويىچە بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسىدە بۇ يەردىكى «ئىنسانلار» دېگەندىن ئەھلى مەككە كۆزدە تۇتۇلغان دەپ ئېلىنىدۇ، يەنى مەككە ئەھلى ئاللاھنىڭ كونتروللۇقى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدا، شۇڭا سەن قورقماستىن دەۋەت قىلىۋەرگىن، ئۇلار ساڭا ھېچقانداق زىيان-زەخمەت

يەتكۈزەلمەيدۇ، بىز سېنى ئۇلاردىن قوغدايمىز. يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ تائالا بەدرى غازىتىدا ۋە مەككە فەتھى قىلىنغاندا مەككە كاپىرلىرىنى ئىبرەت بولغۇدەك مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلغان ئىدى، بۇ يەردە شۇ نۇقتا بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

③ ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار بۇ يەردىكى كۆرۈنۈشنى ئويغاق ھالەتتە كۆزى بىلەن كۆرگەن دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن مىراج ۋەقەسى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ ۋەقە بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەرگە ئىمتىھان بولدى، ئۇلار سىناقتىن ئۆتەلمەي مۇرتەد بولۇپ كەتتى. بۇ يەردىكى دەرەختىن زەققۇم دەرىخى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مىراج كېچىسى جەھەننەمدە كۆرگەن. ﴿الْمَلْعُونَةَ﴾ يەنى ئۇ دەرەختىن يېگۈچى دوزىخى مەلئۇندۇر يەنى لەنەت قىلىنغۇچىدۇر. (ئەيسەر تەپاسىر) يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر﴾ .(سۈرە دۇخان 43-، 44-ئايەت)

④ يەنى كاپىرلار دىللىرىدىكى رەزىللىك ۋە تەرسالىق سەۋەبىدىن مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، تەرسالىقىدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ.

قَالَ أَرَءَيْتَكَ هَٰذَا ٱلَّذِى كَرَّمْتَ عَلَىَّ لَئِنْ أَخَّرْتَنِ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ لَأَحْتَنِكَنَّ ذُرِّيَّتَهُۥٓ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٦٢﴾ قَالَ ٱذْهَبْ فَمَن تَبِعَكَ مِنْهُمْ فَإِنَّ جَهَنَّمَ جَزَآؤُكُمْ جَزَآءً مَّوْفُورًا ﴿٦٣﴾ وَٱسْتَفْزِزْ مَنِ ٱسْتَطَعْتَ مِنْهُم بِصَوْتِكَ وَأَجْلِبْ عَلَيْهِم بِخَيْلِكَ وَرَجِلِكَ وَشَارِكْهُمْ فِى ٱلْأَمْوَٰلِ وَٱلْأَوْلَٰدِ وَعِدْهُمْ ۚ وَمَا يَعِدُهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا ﴿٦٤﴾

*ئىبلىس: «ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان (ئادەم) مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ كۆپ قىسمىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)»*① *دېدى [62]. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمكى ساڭا*

***ئەگىشىدىكەن، جەھەننەم سىلەرگە بېرىلىدىغان يېتەرلىك جازادۇر [63]. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادەمگىنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغىغىن②، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن③، ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن④، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن⑤ ـ شەيتاننىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان ۋەدىسى پەقەتلا ئالدامچىلىقتۇر⑥ [64].***

① يەنى ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ، خالىغانچە ئازدۇرىمەن. ئەمما ئاز بىر قىسىم كىشىلەر مېنىڭ ئازدۇرىشىمدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى ئىلگىرى (سۇرە بەقەرە 34-36-، سۇرە ئەئراف 11-، 18-، سۇرە ھىجر 29-39-ئايەتلەردە بايان قىلىندى)، بۇ يەردە تولۇق بايان قىلىنىۋاتىدۇ. (بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سۇرە كەھف 50-ئايەت، سۇرە تاھا 116-، 117-ئايەت، سۇرە ساد 73-، 85-ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىنىدۇ).

② «ئاۋازىڭ» دېگەندىن گۇناھقا چاقىرىلغان ئاۋاز، شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكرى، ۋەسۋەسىلىرى، ناخشا-مۇزىكا ۋە بىھۇدە ئويۇن-كۈلكە ئۇسكۇنىلىرى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، شەيتان بۇ نەرسىلەر ئارقىلىق كۆپ كىشىلەرنى ئازدۇرىۋاتىدۇ.

③ بۇ يەردىكى قوشۇندىن ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن شەيتانغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭغا مەدىكار بولغان، خۇددى شەيتانغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياكى ئۇنىڭدىن شەيتان كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بارلىق ئۇسۇل-ۋاستىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ شەيتاننىڭ پۇل-مالغا شېرىك بولۇشى ئۇنىڭ كىشىلەرنى ھارام يول بىلەن پۇل تېپىشقا ۋە ھارام يولغا خەجلەشكە قىزىقتۇرىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇھەيرە ۋە سائىبە قاتارلىقلارغا ئوخشاش چارۋا-ماللارنى بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ ئايرىم بېقىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شەيتاننىڭ بالىلارغا شېرىك بولۇشى دېگەننىڭ مەنىسى: زىناخورلۇق، ھارامدىن بالا تېپىش، بالىلارغا ئابدۇللات ۋە ئابدۇلئۇززا دېگەندەك بۇتلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش، ئۇلارنى غەيرى ئىسلامىي تەربىيەلەپ،

ئەخلاقسىز بەتنىيەت ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنى باقالماسلىقتىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش، تىرىك كۆمۈۋېتىش، بالىلارنى مەجۇسىي، يەھۇدىي، ناسارا-خرىستىئان قىلىپ تەربىيەلەش قاتارلىقلار. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە شەيتاننىڭ شېرىكچىلىكى بولغان بولىدۇ. ئىمام ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە شەيتاننىڭ شېرىكچىلىكى مۇئەييەن بىر مەنىگە قارىتىلمىغان، بۇ ئومۇمىي بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان ياكى شەيتاننىڭ دېگىنى ئورۇندالغان، بالىلار ۋە پۇل-مالغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىش بولسا، شۇ ئىشتا شەيتاننىڭ شېرىكچىلىكى بار ھېسابلىنىدۇ.

⑤ يەنى جەننەت، دوزاخ يوق ياكى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش يوق، دېگەندەك سۆزلەرنى قىل.

⑥ ﴿غُرُورًا﴾ يەنى «ئالدامچىلىق» دېگەن بىر يامان ئىشنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى توغرا ۋە جايىز دەپ قارايدىغان قىلىۋېتىش.

إِنَّ عِبَادِى لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَٰنٌۚ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ وَكِيلًا ﴿٦٥﴾
رَّبُّكُمُ ٱلَّذِى يُزْجِى لَكُمُ ٱلْفُلْكَ فِى ٱلْبَحْرِ لِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦٓۚ
إِنَّهُۥ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا ﴿٦٦﴾ وَإِذَا مَسَّكُمُ ٱلضُّرُّ فِى ٱلْبَحْرِ ضَلَّ مَن
تَدْعُونَ إِلَّآ إِيَّاهُۖ فَلَمَّا نَجَّىٰكُمْ إِلَى ٱلْبَرِّ أَعْرَضْتُمْۚ وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ
كَفُورًا ﴿٦٧﴾ أَفَأَمِنتُمْ أَن يَخْسِفَ بِكُمْ جَانِبَ ٱلْبَرِّ أَوْ يُرْسِلَ
عَلَيْكُمْ حَاصِبًا ثُمَّ لَا تَجِدُوا۟ لَكُمْ وَكِيلًا ﴿٦٨﴾

شەكسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن مۇئمىن) بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچبىر ھۆكۈمرانلىقىڭ يوقتۇر①. (ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرگە) ھامىي بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر» ② [65]. رەببىڭلار سىلەرنى ئۆز پەزلىدىن (رىزىق) ئىزدىسۇن دەپ، كېمىلەرنى سىلەر ئۈچۈن دېڭىزدا ماڭدۇرۇپ بېرىدىغان زاتتۇر، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر③ [66]. سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان

*نەرسىلەرنىڭلار كەلمەي، پەقەت ئاللاھلا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا ئاللاھتىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، ئاللاھ سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان - ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا (سىلەر ئۇنىڭدىن) يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان ئىنتايىن تۇزكوردۇر④ [67]. (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلغىنىڭلار بىلەن) سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇشىدىن⑤، ئاندىن ئۆزۈڭلارغا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان) ھېچبىر ھامىي تاپالماي قېلىشىڭلاردىن خاتىرجەممۇ سىلەر؟ (ئەنسىرىمەمسىلەر؟) [68]*

① بۇ يەردە ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىپ «بەندىلىرىم» دەپ كەلتۈرگەنلىكى ئۇلارنى ئىززەت-ئىكرام قىلغانلىقىدىندۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھنىڭ خاس بەندىلىرىنى شەيتان ئازدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

② يەنى كىمكى توغرا مەنىدىكى بەندىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ دوستى ۋە ھامىيسى بولىدۇ.

③ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان مېھرىبانلىقى ۋە رەھمىتىنىڭ جۈملىسىدىن دېڭىزنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ، كېمە ۋە پاراخوتلارنى ئۇنىڭدا ماڭدۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە بېرىپ كېلىپ، تىجارەت قىلىش شارائىتى ھازىرلاپ بەرگەنلىكىدۇر. يەنە بەندىلىرىگە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆرسەتكەنلىكىمۇ ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىدىندۇر.

④ بۇ نۇقتا ئىلگىرى بايان قىلىنغان، (سۈرە يۇنۇس 22-23-ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن).

⑤ يەنى سىلەر دېڭىزدىن چىققاندىن كېيىن ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالىسىلەر، سىلەر ئاللاھنىڭ قۇرۇقلۇقتىمۇ سىلەرنى جازالىيالايدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ئاللاھ يەرنى يېرىپ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزىۋېتەلەيدۇ ياكى ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ، ئىلگىرىكى قەۋملەرنى ھالاك قىلغاندەك

سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ.

أَمْ أَمِنتُمْ أَن يُعِيدَكُمْ فِيهِ تَارَةً أُخْرَىٰ فَيُرْسِلَ عَلَيْكُمْ قَاصِفًا مِّنَ ٱلرِّيحِ فَيُغْرِقَكُم بِمَا كَفَرْتُمْ ثُمَّ لَا تَجِدُوا۟ لَكُمْ عَلَيْنَا بِهِۦ تَبِيعًا ﴿٦٩﴾ ۞ وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِىٓ ءَادَمَ وَحَمَلْنَٰهُمْ فِى ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ وَرَزَقْنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلْنَٰهُمْ عَلَىٰ كَثِيرٍ مِّمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا ﴿٧٠﴾

***ياكى سىلەرنىڭ كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، ئاللاھنىڭ سىلەرنى دېڭىزدا قايتا قاتناتقۇزۇپ، (دېڭىزدىكى چېغىڭلاردا) ئۈستۈڭلارغا قارا بورانني ئەۋەتىپ غەرق قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بىزدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدىغان ھېچكىمنى تاپالماي قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىمەمسىلەر؟ (سىلەر بۇنىڭدىن خاتىرجەممۇ؟)① [69] شەكسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ئەزىز قىلدۇق②، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (تۆرلۈك قاتناش ۋاستىلىرىغا مىندۈردۇق)، دېڭىزدا (كېمە ۋە پاراخوتلارغا) چىقاردۇق③، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق④، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن قىلدۇق⑤ [70].***

① ﴿قَاصِفًا﴾ دېڭىزدا كېمىلەرنى ئۆرۈپ، چۆكتۈرىۋېتىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك قاتتىق سوغۇق بوران، ﴿تَبِيعًا﴾ ئىنتىقام ئالغۇچى، كەينىدىن ئەگەشكۈچى، ھىمايە قىلغۇچى دېگەن مەنىدە، جۈملىنىڭ مەنىسى: سىلەر دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇلارنى نېمىشقا چۆكتۈرىۋەتتىڭ؟ دەپ بىزنى سوراق قىلىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. بىر قېتىم دېڭىزدىن بىخەتەر چىقىپ بولغاندىن كېيىن سىلەرگە قايتا دېڭىزدا سەپەر قىلىش زۆرۈرىيىتى بولمامدۇ؟ ئۇ يەردە ئاللاھ سىلەرنى قايتا خەتەرگە دۇچار قىلالامدۇ؟

② بۇ ئىززەت ۋە ھۆرمەت ھەربىر ئىنسانغا بېرىلگەن، مەيلى ئۇ مۆئمىن بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن. چۈنكى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر،

جانسىز نەرسىلەر ۋە باشقا مەۋجۇداتلارغا نىسبەتەن ئىنسان شەرەپتە ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىكتۇر. بۇ ئىززەت ھەر جەھەتتىن بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانغا گۈزەل شەكىل، چىراي، قەددى-قامەت ۋە قىياپەت ئاتا قىلغان، بۇ نېمەت باشقا مەخلۇقاتلاردا مەۋجۇت ئەمەس، مەسىلەن: ئىنسان ئۆزىگە بېرىلگەن ئەقىل بىلەن ئۆزىنىڭ راھەت-پاراغىتى ئۈچۈن ساناقسىز نەرسىلەرنى كەشىپ قىلدى، ھايۋانلار بولسا، ئۇنداق نېمەتلەرگە ئېرىشەلمىدى. ئىنسان ئەقلى بىلەن توغرا بىلەن خاتانى، پايدىلىق بىلەن پايدىسىزنى، چىرايلىق بىلەن كۆرۈمسىزنى ئايرىشقا قادىر، ئەقىل ئارقىلىق ئاللاھنىڭ باشقا مەخلۇقاتلىرىنى باشقۇرۇپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ. ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئىسسىقتىن ۋە سوغۇقتىن ساقلايدىغان كىيىملەرنى تىكىدۇ، بىنالارنى ياسايدۇ، ھەر خىل ئۈسكۈنىلەرنى كەشىپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئىنساننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى، مەسىلەن: كائىناتتا ئاي، قۇياش، سۇ، ھاۋا قاتارلىق ساناقسىز نەرسىلەر بار، ئۇلاردىن ئىنسان پايدىلىنىۋاتىدۇ.

③ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئىنسانلار قۇرۇقلۇقتا ئات، خېچىر، ئېشەك، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارغا ۋە ئۆزلىرى ياسىغان (ئاپتوموبىل، پويىز، ئاپتوبۇس، ئايروپىلان، ۋېلسىپىت، موتسىكلىت قاتارلىق) قاتناش ۋاسىتىلىرىغا مىنىدۇ، شۇنىڭدەك دېڭىزدا كېمە ۋە پاراخوتلارغا چىقىپ سەپەر قىلىدۇ ۋە يۈك توشۇيدۇ.

④ ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن ھەر خىل زىرائەت، سەي-كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى ياراتتى، ئۇ نېمەتلەرنىڭ تەركىۋىدە ھەر خىل تەم، قۇۋۋەت ۋە پايدىلىق ماددىلارنى مەۋجۇت قىلدى. بۇ ھەر خىل يېمەكلىكلەر، مەنپەئەتلىك غىزالار، تەملىك مېۋىلەر، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇقلار ۋە ئىچىملىكلەر ئىنساندىن باشقا مەخلۇقاتلارغا بېرىلگەنمۇ؟

⑤ مەزكۇر تەپسىلاتتىن ئىنسانلارنىڭ باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۈستۈنلۈكى ئايان بولدى.

يَوۡمَ نَدۡعُواْ كُلَّ أُنَاسِۭ بِإِمَٰمِهِمۡۖ فَمَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ
يَقۡرَءُونَ كِتَٰبَهُمۡ وَلَا يُظۡلَمُونَ فَتِيلٗا ٧١ وَمَن كَانَ فِي هَٰذِهِۦٓ أَعۡمَىٰ

فَهُوَ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ أَعْمَىٰ وَأَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٧٢﴾ وَإِن كَادُواْ لَيَفْتِنُونَكَ عَنِ
ٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ لِتَفْتَرِىَ عَلَيْنَا غَيْرَهُۥ ۖ وَإِذًا لَّٱتَّخَذُوكَ
خَلِيلًا ﴿٧٣﴾ وَلَوْلَآ أَن ثَبَّتْنَـٰكَ لَقَدْ كِدتَّ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْـًٔا
قَلِيلًا ﴿٧٤﴾ إِذًا لَّأَذَقْنَـٰكَ ضِعْفَ ٱلْحَيَوٰةِ وَضِعْفَ ٱلْمَمَاتِ ثُمَّ لَا تَجِدُ
لَكَ عَلَيْنَا نَصِيرًا ﴿٧٥﴾

***(ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈننى ئەسلىگىنكى) ئۇ كۈندە ھەممە ئادەمنى نامە ـ ئەمالى بىلەن چاقىرىمىز①، كىمنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلسە، ئەنە شۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامە ـ ئەمالىنى (خۇشاللىق ئىچىدە) ئوقۇيدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ② [71]. بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ يولدىن ئازغان بولىدۇ③ [72]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار ھەقىقەتەن سېنى بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈتۈپ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى بىزنىڭ نامىمىزدىن ئويدۇرۇپ چىقارغۇزۇشقا تاس قالدى، (ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى دوست قىلىۋالاتتى [73]. بىز سېنى (ھەقتە تۇرۇشتا) مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، سەن ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدىڭ④ [74]. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ساڭا دۇنيانىڭ قاتمۇقات ئازابىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ قاتمۇقات ئازابىنى تېتىتقان بولاتتۇق⑤. ئاندىن سەن ئۆزۈڭگە بىزگە قارشى ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى تاپالمايتتىڭ [75].***

① ﴿إِمَامِ﴾ پېشۋا، باشلىق، رەھبەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن نېمىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار: بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلغان. يەنى ھەر ئۈممەتنى ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن چاقىرىمىز. بەزىلەر ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن ساماۋى كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى ئى ئەھلى تەۋرات! ئى ئەھلى ئىنجىل! ئى ئەھلى قۇرئان! دېگەندەك ناملار بىلەن چاقىرىلىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭدىن

نامە-ئەمەل دەپتىرى يەنى ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشلىرى خاتىرىلەنگەن كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. يەنى ھەر شەخس ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەلى بىلەن چاقىرىلىدۇ، چۈنكى ھەر ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ نامە-ئەمالى بىللە بولىدۇ ۋە نامە-ئەمالىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ قاراشنى ئىمام ئىبنى كەسىر ۋە ئىمام شەۋكانى ئەڭ توغرا دەپ قارىغان.

② ﴿فَتِيلًا﴾ دىگەن خورمىنىڭ ئۇرۇقىدىكى كىچىككىنە يىپ، يەنى شۇ يىپچە ھەم ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

③ ﴿أَعۡمَىٰ﴾ (كور، ئەما) دىگەندىن دىلى كور ئادەم كۆزدە تۇتۇلغان، دۇنيادا ھەقنى كۆرۈشتىن، چۈشىنىشتىن ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن مەھرۇم قالغان كىشى ئاخىرەتتىمۇ كور بولىدۇ يەنى رەببىنىڭ خاس پەزلى-كەرىمى ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

④ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تەرەپتىن پەقەت پەيغەمبەرلىرىگە ئاتا قىلىنىدىغان پاكلىق ۋە مەسۇملۇق بايان قىلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، گەرچە مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مايىل قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ساقلاپ قالغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلچىمۇ ئۇلار تەرەپكە مايىل بولمىغان. بۇ ماقام ۋە ھىمايە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىمگە بېرىلمەيدۇ.

⑤ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، جازانىڭ ئېغىر ياكى يەڭگىل بولۇشى ئىناۋەت ۋە مەرتىۋە بويىچە بولىدۇ.

وَإِن كَادُواْ لَيَسۡتَفِزُّونَكَ مِنَ ٱلۡأَرۡضِ لِيُخۡرِجُوكَ مِنۡهَاۖ وَإِذٗا لَّا يَلۡبَثُونَ
خِلَٰفَكَ إِلَّا قَلِيلٗا ٧٦ سُنَّةَ مَن قَدۡ أَرۡسَلۡنَا قَبۡلَكَ مِن رُّسُلِنَاۖ وَلَا
تَجِدُ لِسُنَّتِنَا تَحۡوِيلًا ٧٧ أَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ لِدُلُوكِ ٱلشَّمۡسِ إِلَىٰ غَسَقِ
ٱلَّيۡلِ وَقُرۡءَانَ ٱلۡفَجۡرِۖ إِنَّ قُرۡءَانَ ٱلۡفَجۡرِ كَانَ مَشۡهُودٗا ٧٨

***(ئۇ كاپىرلار) سېنى (مەككە) زېمىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن① ، ئۇ يەردە سېنى (خاتىرجەم) تۇرغۇزمىغىلى تاس قالدى، شۇنداق بولغاندا، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار پەقەت ئازغىنە***

*ۋاقىتلا تۇرالايتتى② (يەنى ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ھالاك بولاتتى) [76]. (بۇ) سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىز ھەققىدىكى قانۇنىيەتتۇر③، بىزنىڭ قانۇنىيىتىمىزدە ئۆزگىرىش تاپالمايسەن④ [77]. (ئى پەيغەمبەر!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر (بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا)⑤ ناماز ئوقۇغىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، شەكسىزكى، بامدات نامىزىغا (كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى) ھازىر بولىدۇ⑥ [78].*

① بۇ ئايەت قۇرەيشلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تۈزگەن ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلاردىن قوغداپ قالغان ئىدى.

② يەنى ئەگەر ئۇلار پىلان بويىچە سېنى مەككىدىن چىقىرىۋەتسە، ئۇلارمۇ سەن چىققىپ كەتكەندىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن تۇرالمايتتى، يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولاتتى.

③ يەنى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن قانۇنىيەت شۇكى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋەتىنىدىن ھەيدەپ چىقارغان ياكى چىققىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان ھەرقانداق قەۋم ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولماي قالمايدۇ.

④ ئەمەلىيەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىققىپ كەتكەندىن كېيىن، ئارىلىقتا پەقەت بىر يېرىم يىل ئۆتتى ـ دە، مەككە ئەھلى بەدرىدە مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى. ھەيۋىسى چۈشۈپ، باشقىلارغا ئىبرەت بولغىدەك خارلىققا قالدى. ئالتە يىلدىن كېيىن ھىجرەتنىڭ 8-يىلى مەككە فەتھى قىلىندى، ئۇلار بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قايتا باش كۆتۈرۈشكە قادىر بولالمىدى.

⑤ ﴿دُلُوْكِ﴾نىڭ مەنىسى زاۋال ۋاقتى (كۈن قايرىلغان ۋاقىت)، ﴿غَسَقِ﴾ نىڭ مەنىسى قاراڭغۇلۇق. كۈن قايرىلغاندىن كېيىن پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى، قاراڭغۇ چۈشكەندىن باشلاپ شام ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ، ﴿قُرْاٰنَ الْـفَجْرِ﴾ دېگەن بامدات نامىزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە قۇرئان ناماز مەنىسىدە كەلگەن، قۇرئاننىڭ ناماز دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بامدات نامىزىدا قۇرئاندىن ئۇزۇن سۈرە ۋە ئايەتلەر

ئوقۇلىدۇ. دېمەك بۇ ئايەتتە بەش ۋاخ ناماز ۋە ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىرى ئىخچام شەكىلدە بايان قىلىندى. ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى ھەدىسلەردە كېلىدۇ ۋە ئۇممەتنىڭ بۇ ھەدىسلەرگە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد بۈگۈنگىچە بىر خىل شەكىلدە ئەمەل قىلىپ كەلگەنلىكىمۇ نامازنىڭ بەش ۋاخ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

⑥ يەنى بۇ پەرىشتىلەر چۈشىدىغان ۋاقىت يەنى بامدات نامىزى كۈندۈز پەرىشتىلىرى بىلەن كېچە پەرىشتىلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرىدىغان ۋاقىتتۇر. (سەھىھۇل بۇخارى 4717-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا كېچىنىڭ ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدا بىر يەرگە توپلىشىدۇ، ئاندىن كېچىدە سىلەر بىلەن بىللە بولغان پەرىشتىلەر كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، رەببى سىلەرنىڭ (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن: بەندىلىرىمنى قايسى ھالدا قالدۇرۇپ چىقتىڭلار؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغاندا ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن، ئۇلارنى تاشلاپ قايتىپ چىققىنىمىزدىمۇ ئۇلار يەنىلا ناماز ئوقۇپ قالدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 555-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 632-ھەدىس)

وَمِنَ ٱلَّيۡلِ فَتَهَجَّدۡ بِهِۦ نَافِلَةٗ لَّكَ عَسَىٰٓ أَن يَبۡعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامٗا مَّحۡمُودٗا ٧٩ وَقُل رَّبِّ أَدۡخِلۡنِي مُدۡخَلَ صِدۡقٖ وَأَخۡرِجۡنِي مُخۡرَجَ صِدۡقٖ وَٱجۡعَل لِّي مِن لَّدُنكَ سُلۡطَٰنٗا نَّصِيرٗا ٨٠

***ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن① ، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغىنىپ، ناماز ئوقۇغىن② ، رەببىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ماقامغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) كۆتۈرىدىغانلىقى ئېنىقتۇر③ [79]. سەن «ئى رەببىم! مېنى كىرىدىغان يېرىمگە ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، چىقىدىغان يېرىمدىن ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، دەرگاھىڭدىن ماڭا ياردەم بېرىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن»④ دېگىن [80].***

① بەزى مۇپەسسىرلەر تەھەججۇد نامىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بىر قوشۇمچە پەرز ئىدى، دېدى، يەنى تەھەججۇد نامىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خۇددى بەش ۋاقىت ناماز پەرز بولغاندەك پەرز ئىدى، ئەمما ئۇممىتى ئۈچۈن تەھەججۇد نامىزى پەرز ئەمەس. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: تەھەججۇد نامىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسىنى ئېشىمۇ ئۈستۈن قىلىدىغان قوشۇمچە نەپلە ئىبادەتتۇر، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ بولغان، ئەمما تەھەججۇد نامىزى ئۇممەتنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيىدىغان كاپارەت ۋە قوشۇمچە ياخشى ئەمەل جۈملىسىدىندۇر. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿نَافِلَةً﴾ نەپلە، زىيادە، ئارتۇق دېگەن مەنىدە بولۇپ، نە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرز ئەمەس، نە ئۇممەتلىرىگە پەرز ئەمەس. بۇ بىر زىيادە ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى كۆپتۇر. ئاللاھ تائالا كېچىنىڭ ئاخىرىدا قىلىنغان ئىبادەتتىن ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ. دېمەك بۇ ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ پەرز ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇممىتىگىمۇ پەرز ئەمەس.

② ﴿تَهَجَّدْ﴾ دېگەن سۆزنىڭ تومۇرى " هُجُودٌ " بولۇپ، بەزى لۇغەتشۇناسلار بۇ بىر-بىرىگە قارشى ئىككى خىل مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇخلاش دېگەن مەنىسىمۇ، كېچىدە ئويغىنىش دېگەن مەنىسىمۇ بار، دەيدۇ. بۇ يەردە ئىككىنچى مەنىدە كەلگەن. يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئەسلىدە " هُجُودٌ "نىڭ مەنىسى ئۇخلاش، ئەمما ئۇ سۆز " تَفَعَّلَ " بابىغا كىرىپ، پېئىل ۋەزنى ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا " تَجَنَّبَ " (ئۇيقۇدىن ساقلىنىش) دېگەن مەنا قوشۇلغان، مەسىلەن " تَأَثَّمَ " (گۇناھتىن ساقلىنىش) دېگەن پېئىلغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئەسلىسى " إِثْمٌ " (گۇناھ) ئىدى. شۇنىڭدەك " تَهَجَّدَ "نىڭ مەنىسى ئۇيقۇدىن ساقلىنىش دېگەن بولىدۇ، " مُتَهَجِّدٌ " كېچىدە ئۇيقۇدىن ساقلىنىپ، نامازغا تۇرغان كىشىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك تەھەججۇد دېگەن كېچىنىڭ ئاخىرىدا قوپۇپ نەپلە ناماز ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما پۈتۈن كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇش سۈننەتكە خىلاپتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ ئەۋۋەلقى قىسمىدا ئۇخلايتتى، ئاخىرىدا قوپۇپ تەھەججۇد ئوقۇيتتى، مانا بۇ ئەۋزەل سۈننەتتۇر.

③ بۇ شاپائەت ماقامىنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىدۇ، مۇشۇ بۈيۈك ماقامدا تۇرۇپ، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن كىشىلەرگە شاپائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەردىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

④ بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن چىقىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا توغرا كەلگەن چاغدا چۈشكەن ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەببىم! مېنى راستچىللىقىم بىلەن ۋاپات تاپقۇزغىن ۋە قىيامەت كۈنى مېنى راستچىللىقىم بىلەن تىرىلدۈرگىن»، بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «مېنى قەبرىگە راستچىل ھالەتتە كىرگۈزگىن، قىيامەت كۈنى قەبرىدىن چىقىرىدىغان ۋاقتىتىمۇ راستچىل ھالەتتە چىقارغىن». ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئومۇمىي دۇئا بولغانلىقتىن مەزكۇر مەنىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

وَقُلْ جَآءَ ٱلْحَقُّ وَزَهَقَ ٱلْبَٰطِلُ ۚ إِنَّ ٱلْبَٰطِلَ كَانَ زَهُوقًا ﴿٨١﴾ وَنُنَزِّلُ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ مَا هُوَ شِفَآءٌ وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا خَسَارًا ﴿٨٢﴾ وَإِذَآ أَنْعَمْنَا عَلَى ٱلْإِنسَٰنِ أَعْرَضَ وَنَـَٔا بِجَانِبِهِۦ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ كَانَ يَـُٔوسًا ﴿٨٣﴾ قُلْ كُلٌّ يَعْمَلُ عَلَىٰ شَاكِلَتِهِۦ فَرَبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَنْ هُوَ أَهْدَىٰ سَبِيلًا ﴿٨٤﴾

*«ھەق (يەنى ئىسلام دىنى) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. چۈنكى باتىل ئەزەلدىن تېز يوقالغۇچىدۇر» دېگىن① [81]. بىز قۇرئاندىن مۇئمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلىمىز. (بۇ قۇرئان) زالىملارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)② [82]. ئىنسانغا نېمەت بەرگەن چېغىمىزدا (ئۇ بىزدىن) يۈز ئۆرۈپ يىراقلىشىدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ③ [83]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى «ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ، رەببىڭلار كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ»④ [84].*

① بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن كەبىگە كىرگەندە ئۇنىڭ ئىچىدە 360 دانە بۇت بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ھاسىسى بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ-چىقىپ ماڭغاچ بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى: «ھەق (يەنى ئىسلام دىنى) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى»...يەنە بۇ ئايەتنىمۇ ئوقۇدى: ﴿باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ، (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ﴾. (سۈرە سەبەئ 49-ئايەت)». (سەھىھۇل بۇخارى 4720-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1781-ھەدىس)

② يەنى قۇرئان كەرىم دىللاردا پەيدا بولغان ئەقىدىگە ئالاقىدار گۇمان ۋە شەك-شۈبھىلەرنى يوقىتىدۇ ۋە كۇفرى-نىپاقنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ. بۇ مەزمۇن سۈرە يۇنۇسنىڭ 57-ئايىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

③ بۇ ئايەتتە ئىنساننىڭ خۇشال بولغان ۋە قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتتا مۇپتىلا بولىدىغان ھالەت ۋە كەيپىيات بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئىنسانغا خۇشاللىق يەتسە، ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، قىيىنچىلىق يەتسە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما مۇئمىنلەر ھەر ئىككى ئەھۋالدا بىر خىل تۇرىدۇ. (بۇ تېما سۈرە ھۇد 9-، 10-ئايەتلەرنىڭ شەرھىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى (

④ بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارغا تەنبىھ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە كەلگەن ئۇقۇمغا ئوخشايدۇ: ﴿ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىڭلار، بىزمۇ (ئۆز يولىمىز بويىچە) ئىش قىلماقتىمىز. سىلەر (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز»﴾. (سۈرە ھۇد 121-، 122-ئايەتلەر) ﴿شَاكِلَةٌ﴾نىڭ مەنىسى نىيەت، دىن، يول ۋە تەبىئەت-مىزاج دېمەكتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە كاپىرلار ئۈچۈن تەنقىد ۋە ئەيىبلەش بار، مۇئمىنلەر ئۈچۈن مەدھىيە بار، چۈنكى ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئادىتىگە ئايلانغان ئەخلاقى بويىچە ئىش قىلىدۇ، دېمەكتۇر.

وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلرُّوحِۖ قُلِ ٱلرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي وَمَآ أُوتِيتُم مِّنَ

ٱلۡعِلۡمِ إِلَّا قَلِيلٗا ٨٥ وَلَئِن شِئۡنَا لَنَذۡهَبَنَّ بِٱلَّذِيٓ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ ثُمَّ
لَا تَجِدُ لَكَ بِهِۦ عَلَيۡنَا وَكِيلًا ٨٦ إِلَّا رَحۡمَةٗ مِّن رَّبِّكَۚ إِنَّ فَضۡلَهُۥ
كَانَ عَلَيۡكَ كَبِيرٗا ٨٧ قُل لَّئِنِ ٱجۡتَمَعَتِ ٱلۡإِنسُ وَٱلۡجِنُّ عَلَىٰٓ أَن
يَأۡتُواْ بِمِثۡلِ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لَا يَأۡتُونَ بِمِثۡلِهِۦ وَلَوۡ كَانَ بَعۡضُهُمۡ
لِبَعۡضٖ ظَهِيرٗا ٨٨

***ئۇلار سەندىن روھ ھەققىدە سورىشىدۇ. دېگىنكى، «روھ (نىڭ ماھىيىتىنى بىلىش) رەببىمگە خاس ئىشتۇر، سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن»① [85]. ئەگەر خالىساق، بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان (قۇرئان)نى ئەلۋەتتە (دىللاردىن ۋە سەھىپىلەردىن) كۆتۈرۈۋېتەتتۇق②، ئاندىن (ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن) بىزگە قارشى ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمايتتىڭ③ [86]. پەقەت رەببىڭ رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن (ئۇنى كۆتۈرۈۋەتمىدى)④ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ساڭا ھەققەتەن چوڭ بولدى [87]. ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار ۋە جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»⑤ [88].***

① روھ ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىغان بىر نەرسىدۇر، ئەمما ھەر قانداق بىر جانلىقنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئەنە شۇ روھتىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىتى ۋە ماھىيىتى قانداق؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىر قېتىم يەھۇدىيلارمۇ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان ئىدى، بۇ ئايەت نازىل بولدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4721 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2794 ـ ھەدىس) ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، سىلەرنىڭ ئىلىمىڭلار، ئاللاھنىڭ ئىلمىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئازدۇر، سىلەر روھ توغرىسىدا سوراۋاتىسىلەر، بۇ ھەقتىكى ئىلىمنى ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە ھەتتا پەيغەمبەرلەرگىمۇ بىلدۈرمىگەن. شۇنى بىلىڭلاركى، بۇ رەببىمنىڭ ئەمرىدۇر ياكى بۇ رەببىمگە خاس ئىلىمدۇر، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى پەقەت رەببىم بىلىدۇ.

② يەنى ۋەھيي ئارقىلىق ساڭا ئازغىنە ئىلىم بېرىلدى، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇنىمۇ تارتىپ ئالاتتى يەنى ئۇنى دىللاردىن ياكى كىتابتىن

ئۆچۈرىۋېتەتتى.

③ يەنى كۆتۈرۈۋېتىلگەن ۋەھيىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ساڭا ھېچكىم ياردەم قىلالمىغان بولاتتى.

④ شۇ ۋەجىدىن رەببىڭ ساڭا نازىل قىلغان ۋەھيىنى تارتىۋالمىدى، يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ تائالا ساڭا ۋەھيي ئاتا قىلىش ئارقىلىق سېنى ئەزىز قىلدى.

⑤ قۇرئان كەرىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ جەڭ ۋە رىقابەت ئېلانى ئىلگىرىمۇ بىر نەچچە ئايەتلەردە تىلغا ئېلىندى. بۇ جەڭ ئېلانى ھازىرغا قەدەر جاۋاب كۈتمەكتە.

وَلَقَدْ صَرَّفْنَا لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٍ فَأَبَىٰٓ أَكْثَرُ
ٱلنَّاسِ إِلَّا كُفُورًا ﴿٨٩﴾ وَقَالُوا۟ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ تَفْجُرَ لَنَا مِنَ
ٱلْأَرْضِ يَنۢبُوعًا ﴿٩٠﴾ أَوْ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَعِنَبٍ فَتُفَجِّرَ
ٱلْأَنْهَٰرَ خِلَٰلَهَا تَفْجِيرًا ﴿٩١﴾ أَوْ تُسْقِطَ ٱلسَّمَآءَ كَمَا زَعَمْتَ عَلَيْنَا
كِسَفًا أَوْ تَأْتِىَ بِٱللَّهِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةِ قَبِيلًا ﴿٩٢﴾ أَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِّن
زُخْرُفٍ أَوْ تَرْقَىٰ فِي ٱلسَّمَآءِ وَلَن نُّؤْمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتَّىٰ تُنَزِّلَ عَلَيْنَا
كِتَٰبًا نَّقْرَؤُهُۥ ۗ قُلْ سُبْحَانَ رَبِّى هَلْ كُنتُ إِلَّا بَشَرًا رَّسُولًا ﴿٩٣﴾

***شەكسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىساللارنى خىلمۇخىل شەكىلدە بايان قىلدۇق، (شۇنداقتىمۇ) ئىنسانلارنىڭ تولىسى كۇفرىلىقتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى① [89]. ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە، ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز② [90]. ياكى سېنىڭ خورما، ئۈزۈملەر ئۆسكەن ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولمىغۇچە [91]. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە _ پارچە قىلىپ چۈشۈرمىگۈچە، ياكى (راستچىللىقىڭغا) گۇۋاھچى قىلىپ ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى***

***ئالدىمىزغا كەلتۈرمىگۈچە③ [92]. ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولمىغۇچە④، ياكى سەن ئاسمانغا چىقمىغۇچە (بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز)، تاكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى⑤ ئېلىپ چۈشمىگۈچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغىمۇ ئىشەنمەيمىز». (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «رەببىم پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)»⑥ [93].***

① بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ئۈشبۇ سۈرىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنىپ بولدى.

② مەككىدىكى قۇرەيشلەر ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەزكۇر تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

③ يەنى ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ ئۆرە تۇرسۇن، بىز ئۇلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرەيلى.

④ ﴿زُخْرُفٍ﴾نىڭ ئەسلىي مەنىسى زىننەت دېمەكتۇر. " مُزَخْرَفٌ " دېگەن زىننەتلەنگەن، بېزەلگەن دېگەن مەنىدە. ئەمما بۇ يەردە ئالتۇن مەنىسىدە كەلگەن.

⑤ يەنى بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ھەر قانداق ئادەم ئۇنى ئۆزى توغرا ئوقۇيالايدىغان كىتاب بولسۇن.

⑥ دېمەك مېنىڭ رەببىم ھەر نەرسىگە قادىر، ئەگەر ئۇ خالىسا، سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلارنى " كُنْ " «بول» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋېتەلەيدۇ. ئەمما مەن بولسام سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، بىر ئىنسان سىلەر تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولالامدۇ؟ مەن يەنە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمەن، لېكىن ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتۇر، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى سىلەرگە يەتكۈزدۇم ۋە يەتكۈزىۋاتىمەن. كىشىلەرنىڭ تەلەپلىرى بويىچە مۆجىزە كەلتۈرۈش ئەلچىلىك خىزمىتىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۆجىزە كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق كىشىلەرنىڭ ھەر بىر تەلىۋى بويىچە مۆجىزە

كەلتۈرگىلى تۇرسا، بۇنداق تەلەپلەرنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە يېڭى-يېڭى مۆجىزىلەرنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، پەيغەمبەر بۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولسا، دەۋەت ۋە تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ۋەزىپە تاشلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا مۆجىزە پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسى ھېكمەت ۋە مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئارىلىشالمايمەن.

وَمَا مَنَعَ ٱلنَّاسَ أَن يُؤۡمِنُوٓاْ إِذۡ جَآءَهُمُ ٱلۡهُدَىٰٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَبَعَثَ
ٱللَّهُ بَشَرٗا رَّسُولٗا ﴿٩٤﴾ قُل لَّوۡ كَانَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَلَٰٓئِكَةٞ يَمۡشُونَ
مُطۡمَئِنِّينَ لَنَزَّلۡنَا عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَلَكٗا رَّسُولٗا ﴿٩٥﴾ قُلۡ كَفَىٰ
بِٱللَّهِ شَهِيدَۢا بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرَۢا بَصِيرٗا ﴿٩٦﴾
وَمَن يَهۡدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلۡمُهۡتَدِۖ وَمَن يُضۡلِلۡ فَلَن تَجِدَ لَهُمۡ أَوۡلِيَآءَ مِن
دُونِهِۦۖ وَنَحۡشُرُهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمۡ عُمۡيٗا وَبُكۡمٗا وَصُمّٗاۖ

***(ئىمان ئېيتمىغان) ئىنسانلارغا ھىدايەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا توسالغۇ بولغان نەرسە، پەقەت ئۇلارنىڭ «ئاللاھ بىر ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپتىمۇ؟» دېگەنلىكى ئىدى① [94]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا يەر يۈزىدە (يەنى سىلەردەك) خاتىرجەم مېڭىپ يۈرۈيدىغان (يەنى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان) پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق»② [95]. ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راستچىللىقىمغا) گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر③. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى )نىڭ ئەھۋالى(نى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» [96]. ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ئۇ ھەقىقىي ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ھىمايىچىلەرنى تاپالمايسەن④، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى يۈزىچە (يەنى دۈم ياتقۇزۇپ) سۆرەپ⑤، كور، گاچا،***

گاس ھالىتىدە⑥ يىغىمىز،

① يەنى بىر ئىنساننىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقى كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارغا ناھايىتى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى، ئۇلار: بىزگە ئوخشاش مېڭىپ يۈرىدىغان، بىزگە ئوخشاش يەپ-ئىچىدىغان، بىزگە ئوخشاش ئىجتىمائىي پائالىيەت قىلىدىغان بىر ئىنسان قانداقمۇ پەيغەمبەر بولسۇن؟ دەپ ئىنساننىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خاتا قارىشى ئۇلارنى ئىماندىن توسۇپ قويدى.

② يەنى زېمىندا ياشايدىغانلار ئىنسان بولغاچقا، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان پەيغەمبەرمۇ ئەلۋەتتە ئىنسانلاردىن بولىدۇ-دە. ئىنسانلاردىن بولمىغان پەيغەمبەر ئۇلارنى قانداقمۇ توغرا يولغا يېتەكلىيەلىسۇن؟ ناۋادا زېمىندا پەرىشتىلەر ياشايدىغان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئەۋەتىلىدىغان پەيغەمبەرمۇ چوقۇم پەرىشتىلەردىن بولاتتى.

③ يەنى مېنىڭ ۋەزىپەم دەۋەت قىلىش ۋە دىننى يەتكۈزۈش ئىدى، مەن ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىم، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدۇم، بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇشقا بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھ ئۆزى يېتەرلىكتۇر، چۈنكى ئۇ ھەممە نەرسىگە ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

④ يەنى مېنىڭ دەۋىتىمگە كىم ئىمان كەلتۈرىدۇ، كىم كەلتۈرمەيدۇ، بۇمۇ ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر، مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت دىننى يەتكۈزۈشتۇر.

⑤ بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! (قىيامەت كۈنى) كىشىلەر دۈم ياتقۇزۇلۇپ قانداق يىغىلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنى پۇتلىرىچە ماڭدۇرغان زات، ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ ماڭدۇرۇشقىمۇ قادىردۇر» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4760-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2806-ھەدىس)

⑥ يەنى ئۇلار دۇنيادا ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن كور، ئۇنى سۆزلەشتىن گاچا، ئۇنى ئاڭلاشتىن گاس بولۇپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى قىيامەت كۈنىمۇ كور، گاچا، گاس بولۇشتۇر.

مَّأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ كُلَّمَا خَبَتْ زِدْنَٰهُمْ سَعِيرًا ﴿٩٧﴾ ذَٰلِكَ جَزَآؤُهُم
بِأَنَّهُمْ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَقَالُوٓا۟ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمًا وَرُفَٰتًا أَءِنَّا
لَمَبْعُوثُونَ خَلْقًا جَدِيدًا ﴿٩٨﴾ ۞ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ قَادِرٌ عَلَىٰٓ أَن يَخْلُقَ مِثْلَهُمْ وَجَعَلَ لَهُمْ أَجَلًا لَّا
رَيْبَ فِيهِ فَأَبَى ٱلظَّٰلِمُونَ إِلَّا كُفُورًا ﴿٩٩﴾

***ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، ھەرقاچان (جەھەننەمنىڭ ئوتى) پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا ئوتنىڭ يالقۇنىنى تېخىمۇ ئاشۇرىمىز [97]. مانا بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە «بىز چىرىگەن سۆڭەك ۋە توپىغا ئايلانغىنىمىزدىن كېيىن راستتىنلا تېرىلىپ، يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر① [98]. ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسانلارنى يارىتالايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟② ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئۇلارنىڭ ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى ئۈچۈن) مۇئەييەن مۇددەت بەلگىلىدىكى، ئۇنىڭدا ھېچ شەك - شۈبھە يوقتۇر③، (ھەقىقەت شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار كۇفرىدىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ [99].***

① ئۇلارغا جەھەننەمدە شۇنداق جازانىڭ بېرىلىشى شۇ ۋەجىدىنكى، ئۇلار بىز نازىل قىلغان ئايەتلەرنى تەستىق قىلمىدى، كائىناتتىكى چەكسىز مەۋجۇدات ۋە روشەن دەلىللەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلمىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار قىيامەتنىڭ بولۇشى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى مۇمكىن ئەمەس دەپ خىيال قىلدى ھەمدە سۆڭەكلىرىمىز چىرىپ توپىغا ئايلانغاندىن كېيىن بىز قانداقمۇ تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولىمىز؟ دېدى.

② ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب شۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ئاللاھ ئۇنداقلارنى قايتىدىن يارىتىشقىمۇ ياكى تىرىلدۈرۈشكىمۇ قادىردۇر، چۈنكى ئۇلارنى تىرىلدۈرۈش ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن كۆپ ئاساندۇر. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلارنى ۋە

زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر﴾. [(سۈرە مۇئمىن 57 - ئايەت) بۇ مەزمۇننى ئاللاھ تائالا سۈرە ئەھقاف 33 - ئايەت ۋە سۈرە ياسىن 81 -، 82 - ئايەتلەردىمۇ بايان قىلغان.

③ بۇ يەردىكى «مۇئەييەن مۇددەت»تىن ئۆلۈش ۋاقتى ياكى قىيامەت مەقسەت قىلىنىدۇ، شۇڭا ئايەتتىكى جۈملىنىڭ سىياقىغا ماسلاشتۇرۇپ قىيامەت مەنىسىنى ئېلىش توغرا بولىدۇ، يەنى بىز ئۇلارنى تىرىلدۈرۈپ، قەبرىلىرىدىن چىقىرىش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدۇق.

قُل لَّوۡ أَنتُمۡ تَمۡلِكُونَ خَزَآئِنَ رَحۡمَةِ رَبِّيٓ إِذٗا لَّأَمۡسَكۡتُمۡ خَشۡيَةَ ٱلۡإِنفَاقِۚ وَكَانَ ٱلۡإِنسَٰنُ قَتُورٗا ١٠٠ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَىٰ تِسۡعَ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖۖ فَسۡـَٔلۡ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِذۡ جَآءَهُمۡ فَقَالَ لَهُۥ فِرۡعَوۡنُ إِنِّي لَأَظُنُّكَ يَٰمُوسَىٰ مَسۡحُورٗا ١٠١

***«رەببىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى ئەگەر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنى خىراجەت قىلىشتىن (ئاخىرى تۈگەپ كېتىشىدىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان ئەزەلدىن بېخىلدۇر» دېگىن① [100]. بىز مۇساغا ناھايىتى روشەن توققۇز مۆجىزە ئاتا قىلدۇق②، (ئى پەيغەمبەر!) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، مۇسا (پەيغەمبەر بولۇپ) ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا، پىرئەۋن ئۇنىڭغا: «ئى مۇسا! مەن سېنى چوقۇم سېھىرلەنگەن دەپ ئويلايمەن» دېدى [101].***

① ﴿خَشْيَةَ الْاِنْفَاقِ﴾ «خىراجەتتىن قورقۇپ» دېگەن " خَشْيَةَ أَنْ يُنْفِقُوْا فَيَفْتَقِرُوْا» يەنى چىقىم قىلىپ نامرات ھالغا چۈشۈپ قىلىشتىن قورقۇپ دېمەكتۇر. ھالبۇكى ئاللاھنىڭ خەزىنىسى ھەرگىز تۈگەپ قالمايدۇ، ئەمما ئىنسان بېخىل بولغاچقا پىخسىقلىق بىلەن ئىش قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ (ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق) ئەگەر بولىدىغان بولسا (زىيادە بېخىللىقتىن) ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسە بەرمەيدۇ﴾.

(سۇرە نىسا 53-ئايەت) ﴿نَقِيْر﴾ خورمىنىڭ ئۇرۇقىدىكى كىچىك بىر چېكىتنى كۆرسىتىدۇ يەنى ئۇلار شۇنچىلىك نەرسىنىمۇ بەرمەيدۇ. ئاللاھ كەرەملىك ۋە مېھرىبان زات بولغاچقا خەزىنىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى كىشىلەرگە ئېچىۋەتكەن. بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ خەزىنىسى نېمەتلەرگە تولۇپ تۇرغان بولىدۇ، ئۇنى مەخلۇقاتلىرىغا كېچە ـ كۈندۈز توختىماي بېرىپ تۇرىدۇ، لېكىن شۇنداق بەرسىمۇ يەنىلا ئازلاپ قالمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقاندىن باشلاپ نېمەتلىرىنى مەخلۇقاتىغا شۇنچە كۆپ ئاتا قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەزىنىسى كەملەپ قالغىنى يوق» (سەھىھۇل بۇخارى 7419-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 993-ھەدىس)

② ئۇ توققۇز مۆجىزە: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنىڭ ئاق بولۇشى، ھاسىنىڭ يىلانغا ئايلىنىشى، قەھەتچىلىك، زىرائەت ۋە مېۋىلەر ھوسۇلىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا ۋە قان ئاپەتلىرىدىن ئىبارەت. ئىمام ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: قەھەتچىلىك بىلەن ھوسۇلنىڭ كېمىيىپ كېتىشى ئىككىسى بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ، توققۇزىنچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇپ سېھرىگەرلەرنىڭ سېھرىنى بەربات قىلغانلىقىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بۇلاردىن باشقا مۆجىزىلەرمۇ بېرىلگەن ئىدى، مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرغاندا ئۇنىڭدىن ئون ئىككى بۇلاق ھاسىل بولۇپ، سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى، بۇلۇتلارنىڭ سايىۋەن بولۇپ بېرىشى، تەرەنجىۋىل بىلەن بۆدۇنىنىڭ چۈشۈرۈلۈپ بېرىلىشى قاتارلىق مۆجىزىلەر. لېكىن، بۇ يەردە بايان قىلىنغان توققۇز مۆجىزە بولسا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى كۆرگەن مۆجىزىلەردىن ئىبارەت. شۇ ۋەجىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دېڭىزنىڭ يېرىلىشىنى توققۇز مۆجىزىنىڭ جۈملىسىدىن ساناپ، قەھەتچىلىك بىلەن ھوسۇلنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى بىر مۆجىزە دەپ ھېسابلىغان. سۈنەنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان 3144-ھەدىستە بۇ توققۇز مۆجىزىنىڭ تەپسىلاتى باشقىچە بايان قىلىنغان، ئەمما ئۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى زەئىپتۇر، خۇلاسە شۇكى توققۇز مۆجىزە بۇ يەردە بايان قىلىنغان مۆجىزىلەردىن ئىبارەت.

قَالَ لَقَدْ عَلِمْتَ مَآ أَنزَلَ هَٰٓؤُلَآءِ إِلَّا رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ

بَصَآئِرَ وَإِنِّي لَأَظُنُّكَ يَٰفِرۡعَوۡنُ مَثۡبُورٗا ﴿١٠٢﴾ فَأَرَادَ أَن يَسۡتَفِزَّهُم مِّنَ
ٱلۡأَرۡضِ فَأَغۡرَقۡنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ جَمِيعٗا ﴿١٠٣﴾ وَقُلۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِۦ لِبَنِيٓ
إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱسۡكُنُواْ ٱلۡأَرۡضَ فَإِذَا جَآءَ وَعۡدُ ٱلۡأٓخِرَةِ جِئۡنَا بِكُمۡ
لَفِيفٗا ﴿١٠٤﴾ وَبِٱلۡحَقِّ أَنزَلۡنَٰهُ وَبِٱلۡحَقِّ نَزَلَۗ وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا مُبَشِّرٗا
وَنَذِيرٗا ﴿١٠٥﴾ وَقُرۡءَانٗا فَرَقۡنَٰهُ لِتَقۡرَأَهُۥ عَلَى ٱلنَّاسِ عَلَىٰ مُكۡثٖ وَنَزَّلۡنَٰهُ
تَنزِيلٗا ﴿١٠٦﴾

***مۇسا: «(ئى پىرئەۋن!) بۇلار (يەنى توققۇز مۆجىزە) نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن ئەلۋەتتە، (گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ دىلىڭدا) ئوبدان بىلىسەن، ئى پىرئەۋن! مەن سېنى چوقۇم ھالاك بولىدۇ، دەپ قارايمەن» دېدى [102]. پىرئەۋن ئۇلارنى (مىسىر) زېمىنىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزغا) غەرق قىلىۋەتتۇق [103]. پىرئەۋننى غەرق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «زېمىندا تۇرۇڭلار①، ئاخىرەت ۋەدىسى (بولغان قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەرنى) ئارىلاش توپلاپ ئېلىپ كېلىمىز» دېدۇق [104]. بىز قۇرئاننى ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق②، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى، بىز سېنى پەقەت خۇشخەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق③ [105]. (ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ قۇرئاننى كىشىلەرگە توختاپ ـ توختاپ (يەنى دانە ـ دانە) ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنى بۆلەكلەرگە بۆلدۇق④ ۋە تەدرىجىي نازىل قىلدۇق [106].***

① بۇ يەردىكى زېمىندىن قارىماققا پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغان مىسىر زېمىنى كۆزدە تۇتۇلغاندەك بىلىنىدۇ، لېكىن تارىخ ئىسپاتلىغان ھەقىقەت شۇكى، بەنى ئىسرائىل مىسىردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قايتا مىسىرغا كەتمىگەن، بەلكى

ئۇلار تىپە چۆلدە قىرىق يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن پەلەستىنگە كىرگەن، بۇنىڭغا سۈرە ئەئرافنىڭ 137 - ئايىتى دەلىل بولىدۇ. توغرىسى شۇكى، بۇ يەردىكى زېمىندىن پەلەستىن زېمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② يەنى قۇرئان ساقا مۇھاپىزەت قىلىنغان ھالدا چۈشۈرۈلدى، چۈشۈش جەريانىدا كەم - زىيادە بولۇپ قالمىدى، ئۆزگەرتىلمىدى ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە ئارىلىشىپ قالمىدى، چۈنكى، ئۇنى ئېلىپ چۈشكەن پەرىشتە ﴿شَدِيْدُ الْقُوى﴾ كۈچلۈك، ﴿الأَمِيْنُ﴾ ئىشەنچلىك، ﴿مَكِيْنٌ﴾ مەرتىۋىلىك ۋە ﴿مُطَاعٍ﴾ ئىتائەتمەن پەرىشتە ئىدى. بۇ جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىدۇر.

③ ﴿مُبَشِّرًا﴾ ساقا بويسۇنغان مۇئمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى ۋە ﴿نَذِيْرًا﴾ ساقا ئاسىيلىق قىلغان كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

④ ﴿فَرَقْنٰهُ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى «بَيَّنَّاهُ وَأَوْضَحْنَاهُ " بىز ئۇنى ئوچۇق ۋە روشەن بايان قىلدۇق، دەپمۇ تەپسىر قىلىنغان.

قُلۡ ءَامِنُواْ بِهِۦٓ أَوۡ لَا تُؤۡمِنُوٓاْۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ مِن قَبۡلِهِۦٓ إِذَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ يَخِرُّونَ لِلۡأَذۡقَانِ سُجَّدٗا ﴿١٠٧﴾ وَيَقُولُونَ سُبۡحَٰنَ رَبِّنَآ إِن كَانَ وَعۡدُ رَبِّنَا لَمَفۡعُولٗا ﴿١٠٨﴾ وَيَخِرُّونَ لِلۡأَذۡقَانِ يَبۡكُونَ وَيَزِيدُهُمۡ خُشُوعٗا۩ ﴿١٠٩﴾ قُلِ ٱدۡعُواْ ٱللَّهَ أَوِ ٱدۡعُواْ ٱلرَّحۡمَٰنَۖ أَيّٗا مَّا تَدۡعُواْ فَلَهُ ٱلۡأَسۡمَآءُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ

***ئېيتقىنكى، «(ئى مۇشرىكلار! مەيلى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار ياكى ئىمان ئېيتماڭلار، (مەيلى، چۈنكى ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۇنىڭغا كامالەت، ئىمان ئېيتماسلىقىڭلار ئۇنىڭغا نۇقسان ئېلىپ كەلمەيدۇ) ھەقىقەت شۇكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىلىم بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىگە (بۇ قۇرئان) تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار (ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ① [107]. ئۇلار: «رەببىمىز پاكتۇر، رەببىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ» دەيدۇ② [108]. ئۇلار يىغلىغان ھالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ (قۇرئاننى***

*ئــاڭلاش ئۇلارنىــڭ ئاللاھتــىن) ئەيمىنىشــىنى (قورقۇنچىســى ۋە ئىخلاســىنى) تېخىمــۇ ئاشــۇرىدۇ③ [109]. (ئــى پەيغەمبــەر! مۇشــرىكلارغا) «ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ، قايسىــىنى ئاتىساڭلار بولۇۋېرىــدۇ. چۈنكــى، ئاللاھنىــڭ (نۇرغــۇن) گۈزەل ئىسىملىرى بار»④ دېگىن،*

① يەنــى قۇرئــان نازىــل بولۇشــتىن ئىلگىرىكــى كىتابلارنــى ئوقۇغــان ۋە پەيغەمبەرلىــك ئالامەتلىرىنــى تونۇغــان ھــەم ۋەھيىنىــڭ ھەقىقىتىنــى چۈشــەنگەن ئۆلىمــالار ســەجدىگە بارىــدۇ، ئــۇلار ئالــلاھ تائالانىــڭ ئۆزلىرىنــى ئاخىرقــى پەيغەمبەرنــى تونۇشــقا ۋە ئىمــان كەلتۈرۈشــكە مۇۋەپپــەق قىلغانلىقىغا ھەمــدە قۇرئانغا بويسۇنۇش شــەرىپىگە ئىگــە قىلغانلىقىغا ئاللاھقا شۈكۈر ئادا قىلىدۇ.

② ئۇنىــڭ مەنىســى شــۇكى، بــۇ ھەممــە نەرســىدىن غاپىــل مەككــە كاپىرلىــرى ئىمــان كەلتۈرمىســە، ســەن ئۇنىڭغــا پــەرۋا قىلمىغىــن، چۈنكــى ئىلىــم ئەھلــى بولغانــلار، ۋەھيىنىــڭ ھەقىقىتــى ۋە پەيغەمبەرلىكنىــڭ راستلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئىمان كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار قۇرئاننى ئاڭلاپلا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئىلتىجا قىلىپ، سەجدىگە باش قويدى. ئەنە شۇلار رەببىنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىدۇ.

③ بــۇ يــەردە ئــاز بىــر قىســىم كىشــىلەرنىڭ قايتــا ســەجدىگە بــاش قويغانلىقى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىنىدى، چۈنكى ئۇلار ئاۋۋال رەببىگە ھۆرمــەت بىلــدۈرۈش ۋە شــۈكۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن ســەجدە قىلغــان ئىدى، كېيىــن قۇرئاننــى ئــاڭلاپ دىللىــرى ئېرىــپ قورقــۇش پەيــدا بولغانلىقتىــن، بۈيۈك مۆجىزىلەردىن تەسىرلەنگەن ھالدا سەجدىگە باش قويدى.

④ ئىلگىرى بايان قىلىنغانىدەك مەككە مۇشرىكلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ﴿رەھمــان﴾ ۋە ﴿رەھىــم﴾ دېگــەن ســۈپەتلىرىنى ئــاڭلاپ باقمىغــان ئىدى. بەزى ئەســەرلەردە مۇنــداق كەلگــەن: بىــر قىســىم مۇشــرىكلار پەيغەمبــەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىــن ســەجدىدە تــۇرۇپ «ئى رەھمان! ئى رەھىــم!» دەپ تىلــەك تىلەۋاتقانلىقىنــى ئــاڭلاپ: ئــۇ بىزگــە، بىــر ئاللاھقىــلا دۇئا قىلىڭلار، دەۋاتاتتــى، ئــۆزى ئىككــى مەبۇدقــا دۇئا قىلىۋاتىدىغۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَلَا تَجۡهَرۡ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتۡ بِهَا وَٱبۡتَغِ بَيۡنَ ذَٰلِكَ سَبِيلٗا ١١٠
وَقُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي لَمۡ يَتَّخِذۡ وَلَدٗا وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٞ فِي
ٱلۡمُلۡكِ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلِيّٞ مِّنَ ٱلذُّلِّۖ وَكَبِّرۡهُ تَكۡبِيرَۢا ١١١

***نامىزىڭدا ئاۋازىڭنى بەك يۇقىرىمۇ قىلمىغىن، بەك تۆۋەنمۇ قىلمىغىن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن⑤ [110]. (ئى پەيغەمبەر!) «جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، ئاجىزلىقتىن ساقلايدىغان بىرەر مەدەتكارغا موھتاج بولمىغان ئاللاھقا خاستۇر!» دېگىن ۋە ئاللاھنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن [111].***

⑤ بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ۋاقىتتا چۈشكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا ناماز ئوقۇپ بەرگەندە قۇرئاننى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇيتتى، مۇشرىكلار قۇرئاننى ئاڭلاپ قالسا، قۇرئاننى ۋە ئاللاھنى تىللايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى، يەنى مۇشرىكلار ئاڭلاپ قۇرئانغا تىل تەگكۈزمەسلىكى ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، ساھابىلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنچە پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن. (سەھىھۇل بۇخارى 7490-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 446-ھەدىس) بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا قىرائەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا قىرائەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى چاقىرىپ، سەۋەبىنى سورىغاندا، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن دۇئا قىلىۋاتقان زات، ئاۋازىمنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىش ۋە شەيتاننى قاچۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلغان ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئاۋازىڭنى بىر قەدەر يۇقىرى قىلغىن، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئاۋازىڭنى بىر

ئـاز پـەس قـىلـغـىــن، دېـدى. (سـۈنەنى ئەبـى داۋۇد 1329ـ ھەدىـس) ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا: بـۇ ئايەتـتىكـى «نامـاز» دىـن دۇئـا مـەقسـەت قـىلـىنـىـدۇ، دەيـدۇ. (سـەھىھۇل بۇخـارى، سۈرە بەنـى ئىسـرائىـل تەپسـىرى) يەنـى يۇقـىرى ئـاۋاز بىلەنمـۇ ئەمـەس، تـۆۋەن ئـاۋاز بىلەنمـۇ ئەمـەس، نورمـال ئـاۋاز بىلـەن دۇئـا قـىلـغىــن دېگـەن بولـىدۇ. لۇغەتتـە " صَـلاَةٌ " دېگـەن دۇئـا مـەنـىسـىدىمۇ كېلـىدۇ. يەنـە بىـر نەرسـىنىڭ پۈتـۈن گەۋدىسـىنى تىلغـا ئېلىـپ، ئۇنـىڭ بىـر بۆلـىكـىنـى مـەقسـەت قـىلـىدىغـان مەجاز-كۆچمـە قائىـدىسـى بويىچـە ھـەم شۇنداق مەنە بېرىشكە بولىدۇ.

# سۈرە كەھف

| (18) سورة كهف مكية 110 آية | (18) سۈرە كەھف مەككىدە چۈشكەن 110 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ عَلَىٰ عَبْدِهِ ٱلْكِتَٰبَ وَلَمْ يَجْعَل لَّهُۥ عِوَجَا ۜ ﴿١﴾
قَيِّمًا لِّيُنذِرَ بَأْسًا شَدِيدًا مِّن لَّدُنْهُ وَيُبَشِّرَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱلَّذِينَ
يَعْمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا حَسَنًا ﴿٢﴾ مَّٰكِثِينَ فِيهِ أَبَدًا ﴿٣﴾
وَيُنذِرَ ٱلَّذِينَ قَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا ﴿٤﴾

***جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ (ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن كېلىدىغان① قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەرگە (جەننەتتىن ئىبارەت) ئوبدان مۇكاپات بېرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇ جەننەتتە مەڭگۇ تۇرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن②، بەندىسى (مۇھەممەد)گە ھېچقانداق ئەگرىلىك (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان ئەڭ توغرا③ كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدى [1 ـ 4].***

★ ﴿الْكَهْفِ﴾نىڭ مەنىسى غار دېمەكتۇر. بۇ سۈرىدە ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈرە كەھف دەپ ئاتالغان. بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئون ئايەت ۋە ئاخىرىدىكى ئون ئايەتنىڭ پەزىلىتى ھەدىسلەردە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى ئۇ ئايەتلەرنى يادلىسا ۋە ئوقۇسا دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئامان تاپىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 809-ھەدىس) سەھىھ مۇسلىمدا باشتىكى ۋە ئاخىرىدىكى ئون ئايەت ھەققىدە ھەدىسلەر بار، ئەمما شەيخ ئەلبانى ئەۋۋەلقى ئون ئايەت تىلغا ئېلىنغان ھەدىسلەرنى ئەڭ توغرا ۋە ئەۋزەل دەپ قارىغان. (سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 2- توم، 123-بەت، 582-ھەدىس، سالىھلار باغچىسى، شەيخ ئەلبانى تەتقىق قىلغان نۇسخىسى 393-بەت) «كىمكى سۈرە كەھفنى جۈمە كۈنى ئوقۇسا، ئۇ سۈرە يەنە بىر جۈمە كۈنى بولغىچە ئارىلىقتا ئۇ كىشى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ». (سۈنەنى ھاكىم 2-توم، 368-بەت، 3391- ھەدىس، شەيخ ئەلبانى جامى سەھىھ سەغىردە سەھىھ دەپ باھالىغان ھەدىس 6470-ھەدىس)

بۇ سۈرە ئوقۇلغان ئۆيگە خاتىرجەملىك ۋە بەرىكەت نازىل بولىدۇ. بىر قېتىم بىر ساھابە سۈرە كەھفنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ قورۇسىدىكى ئۇلاغ ئۈركۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ دىققەت بىلەن ئاسمانغا قارىغۇدەك بولسا بىر بۇلۇت ئۆزىنى ئورىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرغىن، چۈنكى، قۇرئان ئوقۇلغاندا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ.» دېگەن (سەھىھۇل بۇخارى 5011- ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 795-ھەدىس)

① ﴿مِن لَّدُنْهُ﴾ ئاللاھ ئۆز تەرىپىدىن چۈشىدىغان قاتتىق ئازابتىن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن.

② يەنى «پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان يەھۇدىيلار، ناسارالار ۋە بىر قىسىم مۇشرىكلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن.

③ يەنە بىر مەنىسى ئاللاھ تائالا قۇرئاننى ھېچقانداق قىڭغىرلىقى يوق، ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنىمىگەن كىتاب قىلدى. ﴿قَيِّمًا﴾ «ھەر جەھەتتىن توغرا» نىڭ يەنە بىر مەنىسى قوغدىغۇچى يەنى ئاللاھ تائالا قۇرئاننى بەندىلەرنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىدىغان ۋە ئۇ مەنپەئەتلەرنى قوغدايدىغان كىتاب قىلدى.

مَّا لَهُم بِهِۦ مِنۡ عِلۡمٖ وَلَا لِأٓبَآئِهِمۡۚ كَبُرَتۡ كَلِمَةٗ تَخۡرُجُ مِنۡ
أَفۡوَٰهِهِمۡۚ إِن يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبٗا ﴿٥﴾ فَلَعَلَّكَ بَٰخِعٞ نَّفۡسَكَ عَلَىٰٓ
ءَاثَٰرِهِمۡ إِن لَّمۡ يُؤۡمِنُواْ بِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ أَسَفًا ﴿٦﴾ إِنَّا جَعَلۡنَا مَا عَلَى
ٱلۡأَرۡضِ زِينَةٗ لَّهَا لِنَبۡلُوَهُمۡ أَيُّهُمۡ أَحۡسَنُ عَمَلٗا ﴿٧﴾ وَإِنَّا لَجَٰعِلُونَ
مَا عَلَيۡهَا صَعِيدٗا جُرُزًا ﴿٨﴾ أَمۡ حَسِبۡتَ أَنَّ أَصۡحَٰبَ ٱلۡكَهۡفِ
وَٱلرَّقِيمِ كَانُواْ مِنۡ ءَايَٰتِنَا عَجَبًا ﴿٩﴾

***ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ بوھتان توغرىسىدا① ھېچقانداق بىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ (كۇفرلۇق)! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ [5]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار بۇ سۆزگە (قۇرئانغا)② ئىمان ئېيتمىسا، سەن ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىسەن [6]. ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ قىلغان ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنى ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق [7]. يەنە بىز چوقۇم يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ③، (يەر يۈزىنى) تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز④ [8]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن راستىنلا ئەسھابۇلكەھفنى ۋە رەقىم (يەنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا)نى بىزنىڭ (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ھەيران قالارلىقى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟⑤ [9].***

① بۇ ﴿كَلِمَةً﴾ ئۇلارنىڭ بوھتان سۆزى يەنى ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن سۆزى چوڭ بوھتان ۋە يالغان سۆزدۇر.

② ﴿بِهَٰذَا الْحَدِيْثِ﴾ «بۇ سۆز» دېگەندىن قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىماندىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق ئەپسۇسلانغان ئىدى. بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ

ۋاقىتتىكى غەمكىن كەيپىياتى بايان قىلىنىدى.

③ يەر يۈزىدىكى بارلىق ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، تاغلار، مەدەنلەر، يەر ئاستىدىكى بايلىقلار ۋە دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ۋە زىننىتى بولغان نەرسىلەرنى يوق قىلىمىز.

④ ﴿صَعِيدًا﴾ تۇپتۇز يەر يۈزى ﴿جُرُزًا﴾ دەل-دەرەخسىز چۆل-باياۋان، يەنى بىر ۋاقىت كېلىدۇ بۇ دۇنيا ئۆزىنىڭ بارلىق گۈزەللىكى ۋە زىننەتلىرى بىلەن يوقىلىدۇ. يەر يۈزى بىر باياۋان ۋە تۇپتۇز مەيداندەك بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن بىز ياخشىلارغا ۋە يامانلارغا قىلمىشلىرىغا قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بېرىمىز.

⑤ يەنى پەقەت بۇ بىرلا ئالامەت ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ بارلىق ئالامەتلىرىمىز ھەيران قالارلىقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر بار. مەسىلەن: ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى يارىتىش، ئۇلارنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئايلاندۇرۇش، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى ۋە بۇلاردىن باشقا چەكسىز ئالامەتلەر ئۇنىڭدىنمۇ بۈيۈك ۋە ھەيران قالارلىقتۇر. ﴿الْكَهْفِ﴾ تاغدىكى ئۆڭكۈر دېمەكتۇر، ﴿الرَّقِيمِ﴾ رەقىم بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە مەزكۇر ياشلار بارغان كەنتنىڭ ئىسمىدۇر، بەزىلەر ئۇنى ئۆڭكۈر جايلاشقان تاغنىڭ ئىسمى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر رەقىم دېگەن مەرقۇم يەنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تۆمۈر ياكى مىستىن ياسالغان تاختىنىڭ ئىسمى، ئۇستىگە خەت يېزىلغان بولغاچقا رەقىم دەپ ئاتالغان دەيدۇ. يېڭى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ئالدىنقى سۆز ئەڭ توغرىدۇر. رەقىم دېگەن مەزكۇر ئۆڭكۈر جايلاشقان تاغقا يېقىن بىر كەنت بولۇپ، ھازىر ئۇ كەنت «الرَّقِيْبُ «ئەررەقىيب دەپ ئاتىلىدۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ﴿الرَّقِيمِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزىدا ئۆزگىرىش بولۇپ الرَّقِيْبُ» بولۇپ قالغان.

إِذْ أَوَى ٱلْفِتْيَةُ إِلَى ٱلْكَهْفِ فَقَالُوا۟ رَبَّنَآ ءَاتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً
وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَدًا ﴿١٠﴾ فَضَرَبْنَا عَلَىٰٓ ءَاذَانِهِمْ فِى ٱلْكَهْفِ
سِنِينَ عَدَدًا ﴿١١﴾ ثُمَّ بَعَثْنَٰهُمْ لِنَعْلَمَ أَىُّ ٱلْحِزْبَيْنِ أَحْصَىٰ لِمَا لَبِثُوٓا۟

أَمَدًا ﴿١٢﴾ نَّحۡنُ نَقُصُّ عَلَيۡكَ نَبَأَهُم بِٱلۡحَقِّۚ إِنَّهُمۡ فِتۡيَةٌ ءَامَنُواْ
بِرَبِّهِمۡ وَزِدۡنَٰهُمۡ هُدًى ﴿١٣﴾

*(ئى پەيغەمبەر شۇنى ئەسلىگىنكى) ئۆز ۋاقتىدا (مۇئمىن) يىگىتلەر غارغا بېرىپ پاناھلانىدى ۋە: «رەببىمىز! بىزگە ئۆز دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن» دېدى① [10]. شۇنىڭ بىلەن بىز غاردا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى (قاتتىق ئۇيقۇ بىلەن) ئۇزۇن يىللار پەردىلىدۇق (يەنى ئۇلارنى ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويدۇق)② [11]. ئاندىن (ئەسھابۇلكەھف ئىچىدىكى) ئىككى گۇرۇھتىن (غاردا) تۇرغان مۇددەتنى قايسىسىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھېسابلايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئويغاتتۇق③ [12]. بىز ساڭا ئۇلارنىڭ قىسسىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇلار ھەقىقەتەن رەببىگە ئىمان ئېيتقان يىگىتلەر ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى كۈچەيتكەن ئىدۇق④ [13].*

① مانا بۇلار ئەسھابۇلكەھف دەپ ئاتالغان ياشلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر، تەپسىلاتى تۆۋەندە كېلىدۇ. ئۇلار دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆڭكۈرنى پاناھ جاي قىلغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇغان. ئەسھابۇلكەھفنىڭ بۇ قىسسىسىدە ياشلار ئۈچۈن مۇھىم ساۋاق بار، بۈگۈنكى ياشلارنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىلىرى پايدىسىز ئىشلارغا كېتىۋاتىدۇ، ئاللاھ تەرەپكە ئىنتىلىش يوق، كاشكى بۈگۈنكى مۇسۇلمان ياشلار «ياشلىقتا قىلغان تەۋبە، پەيغەمبەرلىكتىن بىر نېسۋە» دېگەن ماقالغا ئاساسەن ياشلىق باھارىنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ئاتىغان بولسا-ھە؟

② سىرتتىن كەلگەن ئاۋازلاردىن ئويغىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى پەردە بىلەن توسۇپ قويدۇق، يەنى بىز ئۇلارغا قاتتىق ئۇيقۇ بەردۇق.

③ بۇ يەردىكى ئىككى گۇرۇھتىن ئىختىلاپ قىلىشقان ئىككى گۇرۇھ كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلار شۇ دەۋردە ياشىغان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن ياكى پەيغەمبەرلىك زامانىدىكى مۇئمىنلار ۋە كاپىرلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ بولۇشى مۇمكىن، بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىختىلاپ قىلىشقان

ئىككى گۇرۇھ ئەسھابۇلكەھف ئۆزلىرى ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئىككى گۇرۇھ بولۇپ، بىر گۇرۇھ ئۇزۇن مۇددەت ئۇخلىدۇق، دېسە، يەنە بىرى ئۇنى ئىنكار قىلىپ: ياق، بىز ئاز ئۇخلىدۇق، دەيتتى.

④ ئىخچام بايان قىلىنغاندىن كېيىن ئەمدى تەپسىلىي بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ياشلار خرىستىئان دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىدى، دېسە، يەنە بەزىلەر: ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ياشىغان كىشىلەردۇر، دېدى. ھافىز ئىبنى كەسىرمۇ بۇ پىكىرنى ئەڭ توغرا دەپ قارىدى ۋە مۇنداق دېدى: دەقيانۇس ئىسىملىك بىر پادىشاھ بار ئىدى، ئۇ كىشىلەرنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشقا تەرغىب قىلاتتى. ئاللاھ تائالا بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ دىللىرىغا «ھەقىقىي ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان بىر ئاللاھتۇر» دېگەن ئەقىدىنى سالدى. «فِتْيَةٌ» «ئۇچىتىن توققۇزغىچە بولغان سانىنى بىلدۈرىدىغان كۆپلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ توققۇز ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا باشلايدۇ، ئاستا-ئاستا كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى تارىلىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ئۇلارنى ئوردىغا چاقىرىپ، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سورايدۇ، ئۇلار ئىككىلەنمەستىنلا بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. كېيىن ئۇلار پادىشاھ ۋە قەۋمىدىن قورقۇپ، دىنىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن شەھەردىن يىراق بىر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ پاناھلىنىدۇ، ئۆڭكۈردە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق ئۇخلىتىدۇ. ئۇلار 309 يىلغىچە ئۇ يەردە ئۇخلايدۇ.

وَرَبَطْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ إِذْ قَامُوا۟ فَقَالُوا۟ رَبُّنَا رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ
لَن نَّدْعُوَا۟ مِن دُونِهِۦٓ إِلَٰهًا ۖ لَّقَدْ قُلْنَآ إِذًا شَطَطًا ﴿١٤﴾ هَٰٓؤُلَآءِ
قَوْمُنَا ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً ۖ لَّوْلَا يَأْتُونَ عَلَيْهِم بِسُلْطَٰنٍۭ
بَيِّنٍ ۖ فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ﴿١٥﴾ وَإِذِ ٱعْتَزَلْتُمُوهُمْ
وَمَا يَعْبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ فَأْوُۥٓا۟ إِلَى ٱلْكَهْفِ يَنشُرْ لَكُمْ رَبُّكُم مِّن
رَّحْمَتِهِۦ وَيُهَيِّئْ لَكُم مِّنْ أَمْرِكُم مِّرْفَقًا ﴿١٦﴾

*ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرغاندا①، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلغان ئىدۇق②، شۇڭا ئۇلار (قەتئىيلىك بىلەن پادىشاھقا) دېدىكى: «بىزنىڭ رەببىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببىدۇر، بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئىلاھ دېمەيمىز، ئەگەر بىز شۇنداق دېسەك، ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان بىر سۆزنى قىلغان بولىمىز③ [14]. بىزنىڭ قەۋمىمىز ئاللاھتىن باشقىلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار نېمىشقا (ئېتىقادىنىڭ توغرىلىقىغا) ئېنىق بىر دەلىل كەلتۈرمەيدۇ؟ ئاللاھقا بوھتان چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟» [15]. (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى دېدىكى) «سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پاناھ جاي قىلىڭلاركى④، رەببىڭلار سىلەرگە ئۆز رەھمىتىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە سىلەرگە (قىيىن) ئىشىڭلاردىن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىدۇ [16].*

① بۇ ئايەتتىكى دەس تۇرۇش كۆپىنچە مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، يىگىتلەر پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا دەس تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ يەككە-يىگانە ئىكەنلىكىنى بۇ ئايەتتىكىدەك سۆزلىگەنلىكىگە قارىتىلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇنى يىگىتلەر شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئۆزئارا بىر يەرگە جەم بولغاندا دەس تۇرۇپ، بىر-بىرىگە ئاللاھنىڭ يەككە-يىگانە ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقانلىقىغا قارىتىلغان، شۇ چاغدا ئۇلاردىن ھەر بىرىنىڭ دىلىغا ئايرىم-ئايرىم شەكىلدە ئاللاھ تەرەپتىن تەۋھىد ئېتىقادى كىرگۈزۈلگەن ئىدى، مۇشۇ تەرىقىدە تەۋھىد ئەھلى بىر يەرگە جەم بولغان ئىدى، دەيدۇ.

② يەنى ئۇلار جۈرئەت ۋە باتۇرلۇق بىلەن ھەقنى سۆزلىسۇن دەپ، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە باياشات تۇرمۇشتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇشتىن ئىبارەت روھىي زەربىگە بەرداشلىق بەرسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەم قىلدۇق.

③ ﴿شَطَطًا﴾نىڭ مەنىسى يالغانچىلىق، زۇلۇم قىلىش، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش، ھەقتىن يىراقلاپ كېتىش دېمەكتۇر.

④ يەنى سىلەر قەۋمىڭلارنىڭ مەبۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر،

ئەمدى ئۇلاردىن تەنلىرىڭلار بىلەنمۇ ئايرىلىڭلار. بۇ سۆزنى ئەسھابۇلكەھف ئۆزئارا بىر-بىرىگە دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غارغا كىرىپ يوشۇرۇندى. يىگىتلەرنىڭ يوقالغانلىق خەۋىرى كەلگەندە، پادىشاھ ئۇلارنى ئىزدىدى، ئەمما ئۇلارنى تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى، خۇددى مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوشۇرۇنغان سۇر ناملىق ئۆڭكۈرگە قەدەر ئىز قوغلاپ كېلىپمۇ، ئۇلارنى تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغاندەك.

۞ وَتَرَى ٱلشَّمۡسَ إِذَا طَلَعَت تَّزَٰوَرُ عَن كَهۡفِهِمۡ ذَاتَ ٱلۡيَمِينِ وَإِذَا
غَرَبَت تَّقۡرِضُهُمۡ ذَاتَ ٱلشِّمَالِ وَهُمۡ فِي فَجۡوَةٖ مِّنۡهُۚ ذَٰلِكَ مِنۡ
ءَايَٰتِ ٱللَّهِۗ مَن يَهۡدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلۡمُهۡتَدِۖ وَمَن يُضۡلِلۡ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ
وَلِيّٗا مُّرۡشِدٗا ﴿١٧﴾ وَتَحۡسَبُهُمۡ أَيۡقَاظٗا وَهُمۡ رُقُودٞۚ وَنُقَلِّبُهُمۡ ذَاتَ
ٱلۡيَمِينِ وَذَاتَ ٱلشِّمَالِۖ وَكَلۡبُهُم بَٰسِطٞ ذِرَاعَيۡهِ بِٱلۡوَصِيدِۚ لَوِ ٱطَّلَعۡتَ
عَلَيۡهِمۡ لَوَلَّيۡتَ مِنۡهُمۡ فِرَارٗا وَلَمُلِئۡتَ مِنۡهُمۡ رُعۡبٗا ﴿١٨﴾ وَكَذَٰلِكَ
بَعَثۡنَٰهُمۡ لِيَتَسَآءَلُواْ بَيۡنَهُمۡۚ قَالَ قَآئِلٞ مِّنۡهُمۡ كَمۡ لَبِثۡتُمۡۖ قَالُواْ
لَبِثۡنَا يَوۡمًا أَوۡ بَعۡضَ يَوۡمٖۚ

***سەن كۈن چىققان چاغدا، كۈننىڭ ئۇلار تۇرغان غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە مايىل بولۇپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا، كۈننىڭ غارنىڭ سول تەرىپىگە (ئۇلارغا چۈشمەيلا) ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇلار بولسا غارنىڭ (ئوتتۇرىسىدىكى) بوشلۇقتىدۇر (يەنى غارنىڭ ئىشكى شىمال تەرەپتە بولغانلىقتىن كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، كۈن چىققاندىمۇ، پاتقاندىمۇ ئۇنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشمەيدۇ)①، بۇ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلەردىندۇر②. ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ئۇ ھەقىقىي ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، ئاللاھ (قىلمىشى سەۋەبلىك) كىمنى ئازدۇرسا، سەن ئۇنىڭغا يول كۆرسەتدىغان***

***بىر دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن③ [17]. (مۇبادا ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقتىن) ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇيقۇدىدۇر④، ئۇلارنى بىز ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز⑤. ئۇلارنىڭ ئىتى (غار) نىڭ بوسۇغىسىدا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، چوقۇم ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ قاچقان بولاتتىڭ⑥ [18]. شۇنىڭدەك (يەنى ئۇلارنى ئۇخلاتقىنىمىزدەك، ئۆزلىرىنىڭ غاردا قانچىلىك تۇرغانلىقىنى) ئۆزئارا سوراشسۇن دەپ (ئۆلۈمگە ئوخشاش ئۇزاق ئۇيقۇدىن) ئۇلارنى ئويغاتتۇق⑦، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى «(بۇ غاردا) قانچە ئۇزۇن تۇردۇڭلار؟» دېدى. (ئۇلارنىڭ بەزىسى): «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق» دېيىشتى⑧.***

① يەنى كۈن چىققان چاغدا غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئاپتاپ چۈشىدۇ، كۈن پاتقان چاغدا غارنىڭ شىمال تەرىپىگە ئاپتاپ چۈشىدۇ، ھەر ئىككى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاپتاپ چۈشمەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار غارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ بوشلۇقتا ياتىدۇ. ﴿فَجْوَةٍ﴾ دېگەن كەڭ جاي، بوشلۇق دېگەن مەنىدە.

② يەنى كۈن مۇشۇنداق چىقىپ، پېتىپ كەتكىچە ئۇلار ئوچۇق جايدا تۇرسىمۇ، ئۈستىگە ئاپتاپ چۈشمىگەنلىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىندۇر.

③ مەسىلەن: دەقيانۇستەك پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھىدايەتتىن مەھرۇم قالدى، ھېچكىم ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلىيالمىدى.

④ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئويغاق ئادەمنىڭ كۆزىگە ئوخشاش ئوچۇق ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئويغاقتەك بىلىنەتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: زىيادە ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئۇلار ئويغاقتەك كۆرۈنەتتى. بۇ يەردىكى ﴿أَيْقَاظًا﴾ «يَقْظٌ» «ئويغاق»نىڭ كۆپلۈك شەكلى، ﴿رُقُودٌ﴾ «رَاقِدٌ» «ئۇخلاۋاتقان»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.

⑤ سەۋەبى ئۇلارنىڭ جىسمىنى يەر يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

⑥ ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قوغداش يۈزىسىدىن، ئۇلارغا ھېچكىم يېقىنلىشالمىسۇن دەپ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

⑦ ئۇلارنى ئۆز قۇدرىتىمىز بىلەن ئۇخلاتقىنىمىزدەك، ئۈچ يۈز توققۇز يىلدىن كېيىن بىز ئۇلارنى ئويغاتتۇق، ئۇلارنى ئەۋۋەلقى ئۇخلىغان ۋاقتىتىكىدەك تەنلىرى ساق ـ سالامەت ھالدا ئويغاتتۇق. شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى سوراشتى.

⑧ ئۇلارنىڭ غارغا كىرگەن ۋاقتى ئەتىگەن بولۇپ، ئويغانغان ۋاقتى كەچقۇرۇن ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز ئۇخلاپتۇق، دەپ ئويلاپ قالدى.

قَالُواْ رَبُّكُمۡ أَعۡلَمُ بِمَا لَبِثۡتُمۡ فَٱبۡعَثُوٓاْ أَحَدَكُم بِوَرِقِكُمۡ هَٰذِهِۦٓ
إِلَى ٱلۡمَدِينَةِ فَلۡيَنظُرۡ أَيُّهَآ أَزۡكَىٰ طَعَامٗا فَلۡيَأۡتِكُم بِرِزۡقٖ مِّنۡهُ
وَلۡيَتَلَطَّفۡ وَلَا يُشۡعِرَنَّ بِكُمۡ أَحَدًا ﴿١٩﴾ إِنَّهُمۡ إِن يَظۡهَرُواْ عَلَيۡكُمۡ
يَرۡجُمُوكُمۡ أَوۡ يُعِيدُوكُمۡ فِي مِلَّتِهِمۡ وَلَن تُفۡلِحُوٓاْ إِذًا أَبَدٗا ﴿٢٠﴾ وَكَذَٰلِكَ
أَعۡثَرۡنَا عَلَيۡهِمۡ لِيَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ

***(يەنە بەزىسى) دېدىكى، «قانچە ئۇزۇن تۇرغانلىقىڭلارنى رەببىڭلار ئوبدان بىلىدۇ① (بۇنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق، بىز ھازىر ئاچ). سىلەر (ئىچىڭلاردىكى) بىرىڭلارنى بۇ تەڭگىلىرىڭلار بىلەن شەھەرگە ئەۋەتىڭلار، ئۇ قاراپ بېقىپ، قايسى تاماق ئەڭ پاكىز بولسا②، ئۇنىڭدىن سىلەرگە بىرئاز ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ (شەھەرگە كىرىشتە ۋە تاماق سېتىۋېلىشتا) ئېھتىيات قىلسۇن، سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن③ [19]. ئەگەر ئۇلار ئۈستۈڭلاردىن غالىپ كەلسە (يەنى سىلەرنى تۇتۇۋالسا)، سىلەرنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ. (ئەگەر ئۇلارنىڭ دىنىغا كىرسەڭلار) ئۇ ھالدا سىلەر ھەرگىزمۇ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر»④ [20]. شۇنىڭدەك (ئۇلارنى ئۇخلىتىپ ئويغاتقىنىمىزدەك)، يەنە ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ (قايتا تىرىلدۈرۈش***

توغرىسىدىكى) ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى⑤

① يىگىتلەر جىق ئۇخلىغانلىقتىن قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەي ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىرى ئۇلار بۇ ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇردى، قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار ئوبدان بىلىدۇ، دېدى.

② ئۇلار ئويقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجى بولغان يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى.

③ ئۇلارنىڭ ئېھتىيات قىلىشى ۋە ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي تاماق ئەكەلمەكچى بولغانلىقى يەنىلا ئۇلارنىڭ شەھەردىن چىقىپ بۇ ۋەيرانە غاردا تۇرۇشقا سەۋەب بولغان ئېتىقادى ئىدى. شەھەردىكىلەر بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىمىزنى بىلىپ قالمىسۇن، بولمىسا، بىز چوڭ بىر بالاغا قالىمىز دەپ، ئالاھىدە تەكىتلىدى.

④ يەنى بىز ئاخىرەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن بۇ قەدەر كۆلپەت، قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىۋاتىمىز، ئەگەر شەھەردىكىلەر بىزنىڭ ئورنىمىزنى بىلىپ قالسا، ئۇلار بىزنى ئەجدادلارنىڭ دىنىغا قايتىشقا مەجبۇرلايدۇ، ئۇ چاغدا بىز ئاساسىي مەقسىتىمىزگە يېتەلمەيمىز، تارتقان جاپالىرىمىزمۇ بىكارغا كېتىدۇ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ نە دىنىمىز، نە دۇنيالىقىمىز قالمايدۇ، ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقىمۇ ئېرىشەلمەيمىز.

⑤ يەنى بىز ئۇلارنى ئۇخلاتقان ۋە ئويغاتقاندەك، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلدۇردۇق. بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى كىشىلەرگە مۇنداق بىلدۈرۈلگەن: ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىچىدىن بىرى يېمەك-ئىچمەك سېتىۋالماقچى بولۇپ، ئۈچ يۈز يىل ئىلگىرى دەقيانۇسنىڭ زامانىدا سوقۇلغان تەڭگىلەرنى ئېلىپ شەھەرگە كىردى، ئۇ يېمەك-ئىچمەك ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ يېنىدىكى تەڭگىنى دۇكانچىغا تەڭلەپ تاماق سېتىپ بېرىشنى سورىدى. دۇكانچى تەڭگىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، ئۇنى قېشىدىكى دۇكانچىغا كۆرسەتتى، ئۇمۇ ھەيران قالدى، «ئەسھابۇلكەھف»تىن كەلگەن يىگىت: مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى، تۈنۈگۈن بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن، دېدى، لېكىن ئۇ دېگەن «تۈنۈگۈن»گە ئۈچ ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە

قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟ ئۇلار بۇ يىگىت خەزىنە تېپىۋاپتۇ، دەپ گۇمان قىلدى، بۇ ئىشنى شۇ ۋاقىتنىڭ پادىشاھىغا يەتكۈزدى. پادىشاھ بۇ يىگىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆڭكۈرگە باردى ۋە ئەسھابۇلكەھف بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇ ئۆڭكۈردە ۋاپات قىلدۇردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَأَنَّ ٱلسَّاعَةَ لَا رَيْبَ فِيهَآ إِذْ يَتَنَٰزَعُونَ بَيْنَهُمْ أَمْرَهُمْ ۖ فَقَالُوا۟
ٱبْنُوا۟ عَلَيْهِم بُنْيَٰنًا ۖ رَّبُّهُمْ أَعْلَمُ بِهِمْ ۚ قَالَ ٱلَّذِينَ غَلَبُوا۟ عَلَىٰٓ أَمْرِهِمْ
لَنَتَّخِذَنَّ عَلَيْهِم مَّسْجِدًا ﴿٢١﴾ سَيَقُولُونَ ثَلَٰثَةٌ رَّابِعُهُمْ كَلْبُهُمْ
وَيَقُولُونَ خَمْسَةٌ سَادِسُهُمْ كَلْبُهُمْ

*ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوقلىقىنى① بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز ئىشى (يەنى قىيامەت) توغرۇلۇق ئۆزئارا دەتالاش قىلىشىۋاتاتتى②. بەزىلەر: «(ئۇلارنىڭ يېنىغا ھېچ كىشىنىڭ كىرمەسلىكى ئۈچۈن) غارنىڭ ئىشىكىگە بىر ئىمارەت سېلىڭلار» دېدى③، ئاللاھ ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ④، گېپى ئۆتىدىغانلار (يەنى پادىشاھ ۋە شەھەر كاتىباشلىرى): «غارنىڭ ئەتراپىغا (يەنى غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا) چوقۇم بىر مەسجىد سالايلى» دېدى⑤ [21]. بەزىلەر: «ئەسھابۇلكەھف ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ⑥،*

① ئەسھابۇلكەھفنىڭ بۇ قىسسىدىن قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن بۇ قىسسىدە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك بىر نەمۇنە باردۇر.

② بۇ يەردىكى ﴿إِذْ﴾ ئايەتنىڭ بېشىدىكى ﴿أَعْثَرْنَا﴾ «خەۋەردار

قىلدۇق» دېگەن پېئىلنىڭ ۋاقتى ۋە ھالىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن دەپ ئالغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى: كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ياكى قىيامەت توغرىسىدا دەتالاش قىلىۋاتقان چاغدا، بىز ئۇلارنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدۇق، دېگەن بولىدۇ. ياكى بۇ يەردە " أُذْكُرْ " ئەسلىگىن، دېگەن سۆز جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى بار دەپ ئالغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: كىشىلەر قىيامەت توغرىسىدا ئۆزئارا دەتالاش قىلىۋاتقان چاغنى ئەسلىگىن، دېگەن بولىدۇ.

③ بۇ سۆزنى دېگەنلەر كىم ئىدى؟ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ئەھلى ئىمان كىشىلەر ئىدى، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئىدى، ئۇلار غارغا بېرىپ يىگىتلەر بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا يىگىتلەرنى يەنە ئۇخلىتىپ قويدى، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى: ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن بىر ئىمارەت بىنا قىلايلى! دېدى.

④ تالاش-تارتىش قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا دېدىكى: بۇ ھەقتىكى توغرا ئىلىمنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

⑤ بۇ يەردىكى گېپى ئۆتىدىغان باشلىقلار مۆئمىنلەرمىدى ياكى كاپىرلارمىدى؟ ئىمام شەۋكانى: مۆئمىنلەر ئىدى، دېدى؛ ئىبنى كەسىر: كاپىرلار ئىدى، دېدى، چۈنكى سالىھلارنىڭ قەبرىسىگە مەسجىد سېلىشنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە سالىھ كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى.» (سەھىھۇل بۇخارى 1330-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 529-ھەدىس) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەت زامانىدا ئىراقتا دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى تېپىلغان ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كىشىلەر پالانى قەبرە پالانى پەيغەمبەرنىڭ دەپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن، ئۇنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەي مەخپىي تۇتۇشقا ۋە ئادەتتىكى قەبرىلەرگە ئوخشاش ياساپ قويۇشقا بۇيرۇغان ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑥ بۇ سۆزنى دېگەنلەر ۋە ئەسھابۇلكەھفنىڭ سانى ھەققىدە ھەر

خىل سۆز قىلغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە كاپىرلار ئىدى، خۇسۇسەن ئۇلار ئەھلى كىتاب بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ساماۋى كىتاب بېرىلگەن ئەھلى ئىلىم دەپ دەۋا قىلاتتى.

رَجۡمَۢا بِٱلۡغَيۡبِۖ وَيَقُولُونَ سَبۡعَةٞ وَثَامِنُهُمۡ كَلۡبُهُمۡۚ قُل رَّبِّيٓ أَعۡلَمُ بِعِدَّتِهِم مَّا يَعۡلَمُهُمۡ إِلَّا قَلِيلٞۗ فَلَا تُمَارِ فِيهِمۡ إِلَّا مِرَآءٗ ظَٰهِرٗا وَلَا تَسۡتَفۡتِ فِيهِم مِّنۡهُمۡ أَحَدٗا ﴿٢٢﴾ وَلَا تَقُولَنَّ لِشَاْيۡءٍ إِنِّي فَاعِلٞ ذَٰلِكَ غَدًا ﴿٢٣﴾ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُۚ

*بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا (ئېيتىلغان سۆزدۇر)①. يەنە بەزىلەر: «ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ②. (ئى پەيغەمبەر!) «ئۇلارنىڭ سانىنى رەببىم ئوبدان بىلىدۇ، (رەببىمدىن باشقا) پەقەت ئازغىنە كىشىلەرلا بىلىدۇ③» دېگىن. شۇڭا سەن ئۇلار توغرىسىدا (ئەھلى كىتاب بىلەن) پەقەت يۈزەكىلا مۇنازىرىلەشكىن④ (يەنى بۇ ھەقتە مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنى ئەستىنقمۇ قىلمايدىغان، يالغانچىمۇ چىقارمايدىغان دەرىجىدە مۇنازىرىلەشكىن). ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن (ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىنى) سورىمىغىن⑤ [22]. سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە شۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي [23]، «ئاللاھ خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن (يەنى ئاللاھ خالىسا قىلىمەن دېگىن)⑥،*

① ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىدا ئەسھابۇلكەھفنىڭ سانى توغرۇلۇق ھېچقانداق بىلىم يوقتۇر، ئۇلار بۇ ھەقتە ھېچنەرسىنى نىشانلىماي تاش ئاتقان ئادەمدەك قارىسىغا سۆزلەيدۇ.

② ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە پەقەت ئۈچ خىل قاراشنىلا تىلغا ئالدى، ئالدىنقى ئىككى خىل قاراشنى ئۆزىنىڭ: ﴿بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا (ئېيتىلغان سۆزدۇر)﴾ دېگەن سۆزى بىلەن ئاجىز قاراشقا

چىقاردى. ئاندىن ﴿ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر﴾ دېگەن ئۈچىنچى قاراشنى تىلغا ئالدى. شۇنى دەلىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى سۆزنىڭ سىياقى ۋە ئۇسلۇبى ئۈچىنچى قاراشنىڭ توغرىلىقىغا دەلىلدۇر، ھەقىقەتتە ئۇلارنىڭ سانى شۇنچىلىك ئىدى، دېدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: مەن ئۇلارنىڭ سانىنى بىلىدىغان ئاشۇ ئازغىنە كىشىلەرنىڭ قاتارىدىندۇرمەن، ئۈچىنچى قاراشتا ئېيتىلغىنىدەك ئەسھابۇلكەھفنىڭ سانى يەتتىدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ يەنى سەن پەقەت ئاللاھ تائالا ساڭا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرگەن سۆزلەرنىلا دېگىن. يەنە بىر مەنىسى: ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنازىرە قىلمىغىن. دېمەكچى بولساڭ پەقەت: ئۇلارنىڭ سانىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ھېچبىر دەلىل يوق، دېگىن.

⑤ دەتالاش قىلغانلاردىن ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە ھېچ نەرسە سورىمىغىن، چۈنكى سورالغۇچىدا سورىغۇچىدىن زىيادە بىلىم بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، ئىش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلاردا بىلىم يوق. سەندە بولسا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن شەكسىز ئىلىم بار، ئەمما باشقىلاردا بولسا گۇمان ۋە تەخمىنىدىن باشقا ھېچنەرسە يوقتۇر.

⑥ مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈچ سوئال سورىغان ئىدى، روھنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ئەسھابۇلكەھف ۋە زۇلقەرنەين كىم؟ مەزكۇر سوئاللار بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ بۇ سوئاللىرىڭلارغا ئەتە جاۋاب بېرەي» دېگەن ئىدى، بىراق 15 كۈنگىچە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيي ئېلىپ كەلمىدى. كېيىن كەلگەندە بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى ﴿ئىنشائاللاھ «ئاللاھ خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن﴾ دېگەن ئەمرىنى ئېلىپ چۈشتى. ئايەتتىكى «ئەتە» دېگەندىن كەلگۈسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى يېقىن ياكى يىراق كەلگۈسىدە بىر ئىش قىلماقچى بولساڭ، چوقۇم «ئاللاھ خالىسا» دېگىن، چۈنكى ئىنسان بىلمەيدۇكى، ئۇ قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇنمۇ ياكى ئۇيغۇن

ئەمەسمۇ، ئۇ ئىشنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالامدۇ-يوق؟

وَٱذۡكُر رَّبَّكَ إِذَا نَسِيتَ وَقُلۡ عَسَىٰٓ أَن يَهۡدِيَنِ رَبِّي لِأَقۡرَبَ مِنۡ
هَٰذَا رَشَدًا ﴿٢٤﴾ وَلَبِثُواْ فِي كَهۡفِهِمۡ ثَلَٰثَ مِاْئَةٖ سِنِينَ وَٱزۡدَادُواْ
تِسۡعًا ﴿٢٥﴾ قُلِ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا لَبِثُواْۖ لَهُۥ غَيۡبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ
أَبۡصِرۡ بِهِۦ وَأَسۡمِعۡۚ مَا لَهُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَلِيّٖ وَلَا يُشۡرِكُ فِي
حُكۡمِهِۦٓ أَحَدٗا ﴿٢٦﴾

***ئەگەر ئۇنتۇپ قالساڭ، (ئېسىڭگە كەلگەن هامان) رەببىڭنى ياد ئەتكىن① (يەنى «ئاللاھ خالىسا»نى ئېسىڭگە كەلگەندە ئېيتقىن) ھەمدە: «رەببىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ (يەنى ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىدىنمۇ) يېقىن (ۋە روشەن دەلىللەرنى بېرىش ئارقىلىق) توغرا يولغا باشلىشىنى (يەنى دىنىم، دۇنيايىمدا مېنى ئەڭ تۈزۈك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى) ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن② [24]. ئۇلار (يەنى ئەسھابۇلكەھف) ئۆز غارىدا ئۈچ يۈز توققۇز يىل تۇردى③ [25]. ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ قانچىلىك تۇرغانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى غەيب (نى بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ كۆرۈشى نېمىدېگەن ئۆتكۈر! ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل!④ ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر، ئاللاھ ئۆز پادىشاھلىقىغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايدۇ» [26].***

① يەنى ئەگەر بىر سۆزنى دېگەندە ياكى بىر ئىشقا ۋەدە بەرگەندە «ئاللاھ خالىسا» دېيىشنى ئۇنتۇپ قالساڭ، ئېسىڭگە كەلگەن ھامان «ئاللاھ خالىسا» دېگىن. بۇ يەردىكى ﴿رەببىڭنى ياد ئەتكىن﴾ دېگەننىڭ يەنە بىر مەنىسى، رەببىڭگە تەسبىھ، ھەمدۇسانا ۋە ئىستىغپار ئېيتقىن، چۈنكى ئۇنتۇپ قىلىش شەيتاندىندۇر، ئاللاھنى ياد ئېيتىش بىلەن ئۇنتۇلغان نەرسە ئىنساننىڭ يادىغا كېلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى رەببىمنىڭ مېنى مەن قىلماقچى بولغان ئىشتىنمۇ پايدىلىقراق ۋە ياخشىراق بىر ئىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

③ كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر بۇ ئىبارىنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە تۇرغان ۋاقتى قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 309 يىل بولۇپ، شەمسىيە كالېندارى بويىچە ھېسابلىغاندا 300 يىلغا تەڭ كېلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىبارە مەزكۇر رەقەمگە زىت پىكىر قىلغانلارنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەلىلى ئاللاھنىڭ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ قانچىلىك تۇرغانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ»﴾ دېگەن ئايىتى بولۇپ، ئۇلار مەزكۇر مۇددەتنى مەنپىي مەنىدە ئالىدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى تەپسىرلەردىن ئېلىنغان ئۇقۇم تۆۋەندىكىدەك: ئەھلى كىتاب بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن، كىمكى يۇقىرىدا دېيىلگەن مۇددەتكە خىلاپ سۆز قىلسا، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ياخشى بىلەمسىلەر ياكى ئاللاھمۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆڭكۈردە ئۈچ يۈز توققۇز يىل تۇردى، دېدى، مانا مۇشۇ توغرىدۇر، چۈنكى پەقەت ئاللاھلا ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بىلىدۇ.

④ بۇ ئىبارە ئاللاھنىڭ ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋە ئاڭلاپ تۇرغۇچى دېگەن سۈپەتلىرىنى ئىزاھلاپ كەلگەن.

وَٱتۡلُ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِن كِتَابِ رَبِّكَۖ لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَن
تَجِدَ مِن دُونِهِۦ مُلۡتَحَدٗا ﴿٢٧﴾ وَٱصۡبِرۡ نَفۡسَكَ مَعَ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ
رَبَّهُم بِٱلۡغَدَوٰةِ وَٱلۡعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجۡهَهُۥۖ وَلَا تَعۡدُ عَيۡنَاكَ عَنۡهُمۡ
تُرِيدُ زِينَةَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَا تُطِعۡ مَنۡ أَغۡفَلۡنَا قَلۡبَهُۥ عَن ذِكۡرِنَا
وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ وَكَانَ أَمۡرُهُۥ فُرُطٗا ﴿٢٨﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) سەن رەببىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا قىلىنغان ۋەھيىنى ئوقۇغىن①، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ،***

***(ئەگەر سەن ۋەھيگە ئەمەل قىلمىساڭ)، سەن ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن بۆلەك ئىلتىجاگاھ تاپالمايسەن② [27]. سەن رەببىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن③، دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇزىنىنىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ شان - شەرىپى، مۇشرىك كاتتىباشلارنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن (كۆزلىرىڭ ئۇلاردىن باشقىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمىسۇن)④، (ئاسىيلىق سەۋەبلىك) بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمگە ئەگەشمىگىن⑤ [28].***

① يەنە بىر تەرەپتىن بۇ بىر ئومۇمىي بۇيرۇق بولۇپ، ھەر قانداق بىر ئىش ھەققىدە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە ۋەھيي نازىل قىلسا، ئۇنى ئوقۇغىن، كىشىلەرگە يەتكۈزگىن، دەپ بۇيرۇيدۇ. ئەمما ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بۇيرۇق قىلىشىنىڭ مەقسىتى مۇنداق بولۇشى ئېھتىمال: ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە كىشىلەر نېمە دېسە دېسۇن، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئۇلار ھەققىدە بايان قىلغانلىرىلا ھەق ۋە توغرىدۇر. مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى كىشىلەرگە ئوقۇپ ئاڭلاتقىن، ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەرگە پەرۋا قىلمىغىن.

② يەنى ئەگەر سەن ئۇنى بايان قىلىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرساڭ ۋە بۇرۇلۇپ كەتسەڭ ياكى ئۇنىڭ ئىبارىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە بۇرمىلاشقا ئۇرۇنساڭ، ئاللاھتىن باشقا ئۆزۈڭنى قوغدايدىغان ھېچبىرىنى تاپالمايسەن. گەرچە خىتاب بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بولسىمۇ، ئەسلىي خىتاب قىلىنغۇچى ئۇنىڭ ئۈممىتىدۇر.

③ بۇ ئىلگىرى سۈرە ئەنئامنىڭ 52-ئايىتىدە بايان قىلىنغان ھۆكۈمگە ئوخشايدۇ. بۇلاردىن ساھابە كىراملار ئېچىدىكى ئاجىز ۋە كەمبەغەللەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، قۇرەيش كاتتىلىرى ئۇلار بىلەن بىر مەجلىستە ئولتۇرۇشنى خالىمايتتى. سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس مۇنداق دەيدۇ: بىز ئالتە كىشى يەنى مەن، ئىبنى مەسئۇد، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بىر كىشى، بىلال ۋە يەنە ئىككى ساھابە (ئاللاھ

ئۇلاردىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن بۇلارنى يېنىڭدىن قوغلىۋەتسەڭ، بىز سەن بىلەن ئولتۇرۇپ، سۆزۈڭنى ئاڭلىساق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىدە ئەگەر شۇنداق قىلسام، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، دىللىرى ئىمانغا مايىل بولۇپ قالار دېگەننى ئويلاپ قالدى بولغاي، دەل شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى شۇنداق قىلىشتىن چەكلەپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. (سەھىھ مۇسلىم 2413 ـ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى)

④ يەنى ئاجىز ۋە كەمبەغەللەرنى كەتكۈزۈۋېتىپ، كاتتىباشلار ۋە بايلارنى ئۆزۈڭگە يېقىنلاشتۇرمىغىن.

⑤ ﴿فُرُطًا﴾نى «اِفْـرَاطٌ» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن تۇرلەنگەن دەپ ئالغاندا، مەنىسى: ئىشنى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمگە ئەگەشمىگىن، دېگەن بولىدۇ؛ ئەگەر «تَفْرِيْطٌ» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن تۇرلەنگەن دەپ ئالغاندا، مەنىسى: ئىشنى چالا، كەمتۈك قىلىپ، نەتىجىدە زىيان تارتقان ۋە ھالاكەتكە دۇچار بولغان ئادەمگە ئەگەشمىگىن، دېگەن بولىدۇ.

وَقُلِ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْۖ فَمَن شَآءَ فَلْيُؤْمِن وَمَن شَآءَ فَلْيَكْفُرْۚ
إِنَّآ أَعْتَدْنَا لِلظَّٰلِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَاۚ وَإِن يَسْتَغِيثُوا۟
يُغَاثُوا۟ بِمَآءٍ كَٱلْمُهْلِ يَشْوِى ٱلْوُجُوهَۚ بِئْسَ ٱلشَّرَابُ وَسَآءَتْ
مُرْتَفَقًا ﴿٢٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ إِنَّا لَا نُضِيعُ
أَجْرَ مَنْ أَحْسَنَ عَمَلًا ﴿٣٠﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ جَنَّٰتُ عَدْنٍ تَجْرِى مِن
تَحْتِهِمُ ٱلْأَنْهَٰرُ يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَيَلْبَسُونَ
ثِيَابًا خُضْرًا مِّن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَّكِـِٔينَ فِيهَا عَلَى ٱلْأَرَآئِكِۚ
نِعْمَ ٱلثَّوَابُ وَحَسُنَتْ مُرْتَفَقًا ﴿٣١﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) «ئېيتقىنكى، بۇ (قۇرئان) رەببىڭلار تەرىپىدىن*

***كەلگەن ھەقىقەتتۇر، شۇڭا كىم خالىسا، ئىمان ئېيتسۇن! كىم خالىسا، كاپىر بولسۇن!» (كاپىر بولۇپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا بىز ھەقىقەتەن تۈتۈن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى (يەنى دوزاخنى) تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ناھايىتى قىزىق سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان ئىچىملىك! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [29]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك① (بىز ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىمىز)، بىز قېتىرقىنىپ ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيمىز [30]. ئەنە شۇلارغا (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بار، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ②، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ③. (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي! [31]***

① قۇرئان كەرىمنىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبى بويىچە دوزىخىيلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن رىغبەت ۋە ئىنتىلىش پەيدا بولسۇن ئۈچۈن جەننەتىيلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىندى.

② قۇرئان چۈشكەن زاماندا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىمۇ پادىشاھلار، بەگلەر ۋە قەبىلە كاتتىۋاشلىرى بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەيزۈك سېلىۋالاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. جەننەت ئەھلىمۇ جەننەتتە بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ.

③ ﴿سُنْدُسٍ﴾ نېپىز يىپەك، ﴿إِسْتَبْرَقٌ﴾ قېلىن يىپەكنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيادا ئالتۇن بىلەن يىپەك ئەرلەرگە چەكلەنگەن. بۇ چەكلىمىگە ئەمەل قىلىپ، دۇنيادا مەزكۇر ھارام نەرسىلەردىن ساقلانغان كىشىلەرگە جەننەتتە بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بېرىلىدۇ. ئۇ يەردە ھېچ نەرسە چەكلەنگەن ئەمەس، جەننەت ئەھلى نېمىنى خالىسا، شۇ نەرسە تەييار

بولىدۇ. ﴿وَلَكُمْ فِيْهَا مَا تَشْتَهِيْ اَنْفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيْهَا مَا تَدَّعُوْنَ﴾ ﴿جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

۞ وَٱضْرِبْ لَهُم مَّثَلًا رَّجُلَيْنِ جَعَلْنَا لِأَحَدِهِمَا جَنَّتَيْنِ مِنْ أَعْنَٰبٍ
وَحَفَفْنَٰهُمَا بِنَخْلٍ وَجَعَلْنَا بَيْنَهُمَا زَرْعًا ﴿٣٢﴾ كِلْتَا ٱلْجَنَّتَيْنِ ءَاتَتْ
أُكُلَهَا وَلَمْ تَظْلِم مِّنْهُ شَيْـًٔا ۚ وَفَجَّرْنَا خِلَٰلَهُمَا نَهَرًا ﴿٣٣﴾ وَكَانَ لَهُۥ
ثَمَرٌ فَقَالَ لِصَٰحِبِهِۦ وَهُوَ يُحَاوِرُهُۥٓ أَنَا۠ أَكْثَرُ مِنكَ مَالًا وَأَعَزُّ
نَفَرًا ﴿٣٤﴾ وَدَخَلَ جَنَّتَهُۥ وَهُوَ ظَالِمٌ لِّنَفْسِهِۦ قَالَ مَآ أَظُنُّ أَن
تَبِيدَ هَٰذِهِۦٓ أَبَدًا ﴿٣٥﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا مۇنداق (بىرى مۇئمىن، بىرى كاپىر بولغان) ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن①: ئۇلارنىڭ بىرىگە (يەنى كاپىرغا) بىز ئۈزۈملۈك ئىككى باغ ئاتا قىلىپ، ھەر ئىككى باغنىڭ ئەتراپىنى خورما دەرەخلىرى بىلەن ئورىدۇق② ، ئوتتۇرىسىنى ئېكىنزارلىق③ قىلدۇق [32]. ھەر ئىككىلىسى كەم - كۈتىسىز، تولۇق مېۋە بېرىدىغان باغلار بولۇپ④ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنى بەرپا قىلدۇق⑤ [33]. باغ ئىگىسى مېۋىلەرگە (يەنى مەھسۇلاتقا يەنە باشقا كىرىملەرگىمۇ) ئىگە ئىدى، (بىر كۈنى) ئۇ بۇرادىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ⑥: «مەن پۇل - مالدا سەندىن باي، ئادەم ساندىمۇ سەندىن ئۈستۈن تۇرىمەن⑦» دېدى [34]. ئۇ (شۇ كۆرەڭلىكى بىلەن) بېغىغا كىرىپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ھالدا ئېيتتى: «بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ ئويلايمەن [35].***

① مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا بۇ ئىككى ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت، ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى ئادەمنى مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرگەنمۇ ياكى ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئىككى شەخس

ئۆتكەنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق ئىككى شەخس ئۆتكەن بولسا، ئۇلار بەنى ئىسرائىلدا ئۆتكەن كىشىلەرمۇ ياكى مەككىدە ئۆتكەن كىشىلەرمۇ؟ ئۇلاردىن بىرى مۆئمىن؛ يەنە بىرى كاپىر ئىدى.

② ئادەتتە ھەر قانداق بىر باغنىڭ ئەتراپى تۆت تام بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنغاندەك، بۇ باغلارنىڭ تۆت ئەتراپىنى خورما دەرەخلىرى ئوراپ تۇراتتى، بۇ دەرەخلەر تۆت تام ۋە توسۇققا ئوخشاش باغلارنى تۆت تەرەپتىن توسۇپ تۇراتتى.

③ يەنى ھەر ئىككى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېكىنزارلىق بار بولۇپ، باغلارنىڭ ئىگىسى زىرائەتلەردىن مول-ھوسۇل ئالاتتى، دېمەك بۇ ئىككى باغدا تۈرلۈك زىرائەتلەر ۋە مېۋىلەر بار ئىدى.

④ باغلاردىن تولۇق مول-ھوسۇل چىقاتتى، ھېچ كەم بولۇپ قالمايتتى.

⑤ باغلارنى سۇغىرىشتا سۇ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ۋە يامغۇر ياغمىسا قۇرۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن باغلارنىڭ ئارىسىدا ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنى بەرپا قىلدۇق.

⑥ باغلارنىڭ ئىگىسى كاپىر ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۆئمىن بۇرادىرىغا پەخىرلىنىپ شۇنداق دېدى.

⑦ ﴿نَفَرًا﴾ ﴿ئادەم سانىدىمۇ سەندىن ئۈستۈن﴾ دېگەندە بالىلىرىم، خىزمەتكارلىرىم، ياردەمچىلىرىم كۆپ دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن رُّدِدتُّ إِلَىٰ رَبِّي لَأَجِدَنَّ خَيْرًا مِّنْهَا
مُنقَلَبًا ﴿٣٦﴾ قَالَ لَهُۥ صَاحِبُهُۥ وَهُوَ يُحَاوِرُهُۥٓ أَكَفَرْتَ بِٱلَّذِي
خَلَقَكَ مِن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّىٰكَ رَجُلًا ﴿٣٧﴾ لَّٰكِنَّا۠ هُوَ
ٱللَّهُ رَبِّي وَلَآ أُشْرِكُ بِرَبِّيٓ أَحَدًا ﴿٣٨﴾

***قىيامەتنىمۇ بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ناۋادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم بۇ باغدىنمۇ***

*ياخشىراق جاينى تاپالايمەن»① [36]. مۇئمىن بۇرادىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن (ۋە ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان) ھالدا مۇنداق دېدى: «سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىيدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئەر قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟② [37] لېكىن (مەن دەيمەنكى) ئۇ مېنىڭ رەببىم ئاللاھتۇر، رەببىمگە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن③ [38].*

① يەنى ئۇ كاپىر ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، مەغرۇرلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى چەكسىز ئارزۇ ۋە شېرىن خىياللىرى ئۇنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن پۈتۈنلەي غەپلەتتە قالدۇردى، ئۇ تېخى قىيامەتنىمۇ ئىنكار قىلدى، ئۇ قىلچە ئەندىشە قىلماستىن، ئەگەر قىيامەت قايىم بولىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، يەنە ئۇ يەردە مەن تېخىمۇ ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشىمەن، دېدى. كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلار مەست ئادەملەردەك ئەنە شۇنداق تەكەببۇرانە سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ سۆزىنى باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلدى: ﴿مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ ئۇنىڭ دەرگاھىدا چوقۇم جەننەتكە ئېرىشىمەن» دەيدۇ﴾. (سۈرە ھامىم سەجدە 50-ئايەت) ﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ماڭا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە مال-مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟﴾. (سۈرە مەريەم 77-ئايەت)

② ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان مۇئمىن بۇرادىرى ئۇنىڭغا ۋەز-نەسىھەت قىلغان ئاساستا چۈشەندۈرۈپ، سەن، سېنى ياراتقان ئاللاھنى ئىنكار قىلىۋاتىسەن، ئۇ سېنى تۇپراقتىن ئاندىن تامچە سۇ (ئابىمەنى)دىن ياراتتى، دېدى. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي تۇپراقتىن يارىتىلغان بولىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ نەسلى ئابىمەنىدىن داۋاملاشتى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە «تۇپراقتىن ياراتتى» دېگەننىڭ مەنىسى، ئىنساننىڭ يېمەكلىكلىرى زېمىندىن چىقىدۇ، يەنى تۇپراقتىن ھاسىل بولىدۇ، شۇ يېگەن ئوزۇقتىن مەنىي ھاسىل بولىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ھەر ئىنسان ئەسلىدە تۇپراقتىن پەيدا بولغان بولىدۇ. مۇئمىن بۇرادىرى بۇ ناشۈكۈر ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئەسلىدە نېمىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئەسلىتىپ، ئۇنى ياراتقۇچى رەببىگە مايىل قىلىشقا

تىرىشىپ دېدىكى: سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىي زاتىڭ ھەققىدە تەپەككۇر قىلغىن، رەببىڭنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە قارىغىن، ئۇ سەن ئۈچۈن نېمە دېگەن كۆپ نېمەت ۋە پۇرسەت-شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن؟ ئۇنىڭ پۈتۈن مەۋجۇداتنى يارىتىشىدا ھېچبىر يارىدەمچىسى ۋە شېرىكى يوقتۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى يەقەتلا يالغۇز ئاللاھتۇر، سەن ئۇنى ئىنكار قىلىش بىلەن تۇزكورلۇق قىلامسەن؟

③ يەنى مەن سەن دېگەندەك دېمەيمەن، بەلكى مەن ئاللاھ تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى، پەرۋەردىگارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ بۇرادىرى يەنى باغ ئىگىسى مۇشرىك ئىدى.

وَلَوۡلَآ إِذۡ دَخَلۡتَ جَنَّتَكَ قُلۡتَ مَا شَآءَ ٱللَّهُ لَا قُوَّةَ إِلَّا بِٱللَّهِۚ إِن
تَرَنِ أَنَا۠ أَقَلَّ مِنكَ مَالٗا وَوَلَدٗا ﴿٣٩﴾ فَعَسَىٰ رَبِّيٓ أَن يُؤۡتِيَنِ خَيۡرٗا
مِّن جَنَّتِكَ وَيُرۡسِلَ عَلَيۡهَا حُسۡبَانٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فَتُصۡبِحَ صَعِيدٗا
زَلَقًا ﴿٤٠﴾ أَوۡ يُصۡبِحَ مَآؤُهَا غَوۡرٗا فَلَن تَسۡتَطِيعَ لَهُۥ طَلَبٗا ﴿٤١﴾
وَأُحِيطَ بِثَمَرِهِۦ فَأَصۡبَحَ يُقَلِّبُ كَفَّيۡهِ عَلَىٰ مَآ أَنفَقَ فِيهَا وَهِيَ
خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا

***سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا، (ئۇنىڭدىن خۇشاللانساڭ): «ماشائاللاھ! يەنى ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ① » دېسەڭچۇ! سېنىڭ قارىشىڭچە، مېنىڭ پۇل - مېلىم ۋە ئەۋلادىم سېنىڭدىن ئاز بولسىمۇ، رەببىم ماڭا سېنىڭ بېغىڭدىنمۇ ياخشىسىنى ئاتا قىلىشى②، سېنىڭ بېغىڭغا بولسا ئاسماندىن بىر ئاپەت يۈزلەندۈرۈشى بىلەن بېغىڭنىڭ تۈپتۈز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قېلىشى③ ياكى ئۇنىڭ سۈيى (يەرگە چوڭقۇر) سىڭىپ كېتىپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش (يەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش) سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەسلىكى مۇمكىن④ [39 ـ 41]. (دېگەندەك) ئۇنىڭ مېۋىلىرى (يەنى بېغى) پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى⑤، تېلىنىڭ بىدىشلىرى***

***يەرگە يىقىلدى⑥، ئۇ باغقا سەرپ قىلغان چىقىملىرىغا (ھەسرەت چېكىپ) ئىككى ئالقىنىنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى⑦***

① مۆئمىن بۇرادىرى ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىپ دېدىكى، سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا كۆرەڭلەش ۋە مەغرۇرلىنىشنىڭ ئورنىغا: ﴿مَا شَآءَ اللّٰهُ لَا قُوَّةَ اِلَّا بِاللّٰهِ﴾ دېسەڭچۇ! يەنى ھەر قانداق ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان نەرسىنى قالدۇرىدۇ، خالىغان نەرسىنى يوق قىلىدۇ، دېسەڭ بولمامدۇ؟ شۇڭا بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: كىمگە ئۆزىنىڭ ھال-ئەھۋالى، مال - مۈلۈكى ياكى بالا - چاقىلىرى ياخشى كۆرۈنۈپ ئۇنى خۇرسەن قىلدۇرسا، ﴿مَا شَآءَ اللّٰهُ لَا قُوَّةَ اِلَّا بِاللّٰهِ﴾ دېسۇن. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئىلكىدە خۇشاللىنارلىق بىر نېمەتنى كۆرسە، ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن، چۈنكى كۆز تېگىش راستتۇر». (سۇنەنى ئىبنى ماجە 3509-ھەدىس، سەھىھۇل جامى سەغىر 4020-ھەدىس)

② يەنى رەببىم ماڭا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ياكى ھەر ئىككىلىسىدە سېنىڭ بېغىڭدىنمۇ ياخشىراق نەرسە ئاتا قىلىشى مۇمكىن.

③ ﴿حُسْبَانًا﴾ دېگەن سۆز «غُفْرَانٌ» ۋە «بُطْلَانٌ» ۋەزنىدە كەلگەن، ئۇ «حِسَابٌ «سۆزىدىن تۇرلىنىپ چىققان بولۇپ، كىشىنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلى كەلگەن ئازاب ۋە جازا دېگەن مەنىدە. ئىمام زۇجاج ئۇنى ھېساب مەنىسىدە ئېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئاللاھ ئاسماندىن بىر ئازاب ئەۋەتىش ئارقىلىق ھېساب ئېلىشى مۇمكىن. ئازاب ئەۋەتىلسە، بۇ بوستانلىق ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان گىياھسىز يەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

④ ياكى باغلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆستەڭنىڭ سۈيى تارتىپ چىقىرىش مۇمكىن بولمىغىدەك دەرىجىدە يەرگە سىڭىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر سۇ يەرگە بەك چوڭقۇر سىڭىپ كەتسە، خېلى كۈچلۈك موتور ۋە سۇ تارتىش ماشىنىلىرىمۇ ئۇنى تارتىپ چىقىرالمايدۇ.

⑤ بۇ ئىبارە ھالاك بولدى ۋە يوقالدى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئۇنىڭ بېغى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى.

⑥ ئۈزۈملەرنىڭ بارلىق تەگ ۋە تال-باراڭلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى ۋە مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسى ۋەيران بولدى.

⑦ يەنى باغنى ياساش، پەرۋىش قىلىش، كۆچەت تىكىش ۋە زىرائەت تېرىش قاتارلىقلارغا سەرپ قىلغان خىراجەتلىرىگە ئەپسۇسلىنىپ ئىككى ئالىقىنىنى ئۇۋۇلىدى. ئىككى ئالىقىنىنى ئۇۋۇلاش نادامەت چەككەنلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

وَيَقُولُ يَٰلَيۡتَنِي لَمۡ أُشۡرِكۡ بِرَبِّيٓ أَحَدٗا ﴿٤٢﴾ وَلَمۡ تَكُن لَّهُۥ فِئَةٞ
يَنصُرُونَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَمَا كَانَ مُنتَصِرًا ﴿٤٣﴾ هُنَالِكَ ٱلۡوَلَٰيَةُ لِلَّهِ
ٱلۡحَقِّۚ هُوَ خَيۡرٞ ثَوَابٗا وَخَيۡرٌ عُقۡبٗا ﴿٤٤﴾ وَٱضۡرِبۡ لَهُم مَّثَلَ ٱلۡحَيَوٰةِ
ٱلدُّنۡيَا كَمَآءٍ أَنزَلۡنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخۡتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلۡأَرۡضِ
فَأَصۡبَحَ هَشِيمٗا تَذۡرُوهُ ٱلرِّيَٰحُۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ مُّقۡتَدِرًا ﴿٤٥﴾

*ھەمدە ئۇ: «كاشكى رەببىمگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن بولسامچۇ!» دەپ قالدى① [42]. ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلىدىغان (يەنى ئۇنىڭدىن بۇ بالانى كۆتۈرۈۋېتىدىغان) ھېچبىر جامائە چىقمىدى②، ئۆزىمۇ ئۆزىگە ياردەم قىلالمىدى [43]. بۇ يەردە (يەنى مۇنداق دەھشەتلىك ئورۇن ۋە ھالەتتە) مەدەتكار بولۇش پەقەت بەرھەق ئاللاھقا خاستۇر③، ئاللاھ (ئۆزىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ياخشى مۇكاپات بەرگۈچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەڭ ياخشى قىلغۇچىدۇر④ [44]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا ھاياتى ھەققىدە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرگىن: (دۇنيا ھاياتىنىڭ گۈزەللىكى ۋە تېز زاۋال تېپىشى) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن سۇغا ئوخشايدۇكى، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ بولۇق ئۆستى، كېيىن ئۇ (قۇرۇپ) تۆكۈلۈپ، شاماللار (تەرەپ - تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ يۈرىدىغان ئوت - چۆپكە ئايلىنىپ قالدى. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر⑤ [45].*

① ئەمدى ئۇ ئاللاھقا باشقا بىرىنى شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ زىيىنىنى، نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپ، ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشنىڭ ئىنسانغا ئەسلا ياراشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، لېكىن بۇ چاغدا پۇشايمان قىلىپ، نادامەت چەككەننىڭ ھېچ پايدىسى يوق ئىدى. قۇشلار زىرائەتنى يەپ بولغاندا، قارانچۇق قويغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

② ئۇ پەخىرلەنگەن ياردەمچىلىرى، خىزمەتكارلىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرى ئۆزىگە ئەسقاتمىدى، ھەتتا ئۆزىمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدىغان بىرەر ئامال تاپالمىدى.

③ ﴿الْوَلَايَةُ﴾نىڭ مەنىسى مەدەتكار بولۇش ۋە ياردەم بېرىش دېمەكتۇر، يەنى بۇنداق ھالەتتە ھەربىر مۆئمىن ۋە كاپىرغا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ مەدەتكار بولۇشقا ۋە ئازابتىن ساقلاشقا قادىر ئەمەسلىكى ئايان بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئەنە شۇنداق قىيىن ئەھۋالغا دۇچار بولغاندا ھەرقانداق زالىم ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلارمۇ ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، لېكىن بۇنداق ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمان مەقبۇل ئەمەستۇر. مەسىلەن: قۇرئان كەرىم ئازاب كەلگەندە ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولمايدىغانلىقىغا مىسال سۈپىتىدە پىرئەۋننىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ: ﴿پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مەنمۇ مۇسۇلمانلاردىن» دېدى﴾. (سۈرە يۇنۇس 90 ـ ئايەت) باشقا كاپىرلار ھەققىدە مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ: ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىلگىرى ئۇنىڭغا شېرىك قىلغان نەرسىلىرىمىزنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى﴾. (سۈرە غافىر 84 ـ ئايەت) ئىككىنچى خىل قىرائەتكە ئاساسەن ﴿الْوَلَايَـةُ﴾ دىكى «و «ھەرپى زىر ئوقۇلغاندا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: «بۇ يەردە (يەنى مۇنداق دەھشەتلىك ئورۇن ۋە ھالەتتە) ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى پەقەت بىرھەق ئاللاھقا خاستۇر»، دېگەن بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بەرگۈچى ۋە پارلاق ئىستىقبالغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

⑤ بۇ ئايەتتە دۇنيا ھاياتى تېز يوقىلىشىدا ۋە باقاسىزلىقىدا بىر

ئېتىزنىڭ مىسالى ئارقىلىق بايان قىلىندى. مىسال شۇكى، ئېتىزدىكى ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەرەخلەرگە ئاسماندىن يامغۇر ياغسا، سۇغا قېنىپ تازا كۆكلەيدۇ، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەرەخلەرگە يېڭىدىن جان كىرگەندەك ياپيېشىل بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن، يېتەرلىك سۇ بولمىغانلىقتىن ياكى كۈز پەسلى كەلگەنلىكتىن قۇرۇپ قالىدۇ. قۇرۇپ قالغان ئۆسۈملۈكلەرنى شاماللار بىر دەم ئۇڭغا، بىر دەم سولغا ئۇچۇرۇپ يۈرۈيدۇ. دۇنيا هاياتىمۇ بىر قېتىملىق ئۆتكۈنچى شامال ياكى بىر قېتىملىق يامغۇر ياكى ياپيېشىل ئېتىزغا ئوخشاش بىر قانچە كۈنلۈك باهاردەك ئىللىقلىق كۆرسىتىپلا يوق بولۇپ كېتىدۇ. يۇقىرىدىكى بارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش هەر نەرسىگە قادىر ئاللاهنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاه دۇنيا هاياتى هەققىدە قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە مىساللارنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار سۈرە يۇنۇس 25-ئايەت، سۈرە زۇمەر 21-ئايەت، سۈرە هەدىد 50-ئايەتلەردە ئۇچرايدۇ.

ٱلْمَالُ وَٱلْبَنُونَ زِينَةُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَٱلْبَٰقِيَٰتُ ٱلصَّٰلِحَٰتُ خَيْرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ أَمَلًا ﴿٤٦﴾ وَيَوْمَ نُسَيِّرُ ٱلْجِبَالَ وَتَرَى ٱلْأَرْضَ بَارِزَةً وَحَشَرْنَٰهُمْ فَلَمْ نُغَادِرْ مِنْهُمْ أَحَدًا ﴿٤٧﴾

***پۇل -ماللار ۋە بالىلار دۇنيا هاياتىنىڭ زىننىتىدۇر①، مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ② مۇكاپاتى رەببىڭنىڭ دەرگاهىدا ئەڭ ياخشىدۇر. (ساۋابىنى) ئۈمىد قىلىش جەھەتتىنمۇ ئەڭ ياخشىدۇر [46]. ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە بىز تاغلارنى (ئورۇنلىرىدىن قوزغاپ) يۈرگۈزىمىز③، زېمىننىڭ تۈپتۈز بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)، بىز ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (هېساب مەيدانىغا) يىغىمىز، ئۇلاردىن هېچكىمنى قالدۇرۇپ قويمايمىز④ [47].***

① بۇ ئايەتتە ئاللاه تائالا دۇنيانىڭ زىننەتلىرىدىن مال-مۈلۈك، قەبىلە، ئائىلە ۋە بالا-چاقىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئەھلى دۇنيا

كىشىلەرگە تەنبىھ بېرىپ، بۇ نەرسىلەر يوق بولۇپ كېتىدىغان ۋاقىتلىق زىننەتتۇر، ئاخىرەتتە بۇ نەرسىلەر ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. شۇ ۋەجىدىن بۇ ئايەتنىڭ كەيىنىدىنلا: ئاخىرەتتە پايدىسى بولىدىغان نەرسە ﴿مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر﴾ دۇر، دەپ كەلتۈردى.

② ﴿مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر﴾ دېگەن قانداق ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ؟ بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى ناماز دېدى، بەزىلەر زىكرى ـ تەسبىھ، يەنى «لَا إِلٰهَ إِلَّا اللهُ، سُبْحَانَ اللهِ، اَلْحَمْدُ لِلهِ، اَللهُ أَكْبَرُ» دېيىش، دېدى، بەزىلەر خەيرلىك ئىشلار، دېدى. لېكىن توغرىسى شۇكى، بۇ ئومۇمىي بولۇپ، بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بارلىق پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە نەپلە ئەمەللەر مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەردۇر، ھەتتا چەكلەنگەن نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشمۇ بىر ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھ تائالا ساۋاب بېرىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە، قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدىغان بۈيۈك ۋە قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار تەسۋىرلەندى. ﴿تاغلارنى (ئورۇنلىرىدىن قوزغاپ) يۈرگۈزىمىز﴾ نىڭ مەنىسى تاغلارنى زېمىننىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلايمىز، يەنى تاغلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ، ئېتىلغان يۇڭدەك توزۇپ يوقىلىدۇ. ﴿تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ﴾.[(سۈرە ئەلقارىئە 5 ـ ئايەت) (تەپسىلاتى ئۈچۈن سۈرە تۇر 9 ـ ، 10 ـ ئايەتلەر، سۈرە نەمل 88 ـ ئايەت، سۈرە تاھا 105 ـ ، 108 ـ ئايەتلەرگە قارىسۇنلەر) زېمىندىن شۇ قەدەر مۇستەھكەم ئېگىز تاغلار يوق بولۇپ كەتكەن يەردە، ئۆي ـ ماكان، دەل ـ دەرەخ قاتارلىق نەرسىلەر قانداقمۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالىسۇن؟ شۇڭا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە]﴿زېمىننىڭ تۈپتۈز بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن﴾، دېيىلدى.

④ يەنى ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق قەۋملەرنى، چوڭ ـ كىچىك، كاپىر ـ مۇئمىن ھەممىنى مەھشەرگاھقا جەم قىلىمىز. ھېچكىم زېمىننىڭ ئاستىدا قېلىپ قالمايدۇ، ھېچكىم قەبرىدىن چىقىپ بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ قالالمايدۇ.

وَعُرِضُواْ عَلَىٰ رَبِّكَ صَفًّا لَّقَدْ جِئْتُمُونَا كَمَا خَلَقْنَٰكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍۭ

بَلْ زَعَمْتُمْ أَلَّن نَّجْعَلَ لَكُم مَّوْعِدًا ﴿٤٨﴾ وَوُضِعَ ٱلْكِتَٰبُ فَتَرَى
ٱلْمُجْرِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَٰوَيْلَتَنَا مَالِ هَٰذَا
ٱلْكِتَٰبِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً إِلَّآ أَحْصَىٰهَا ۚ وَوَجَدُوا۟ مَا
عَمِلُوا۟ حَاضِرًا ۗ وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا ﴿٤٩﴾ وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَٰٓئِكَةِ
ٱسْجُدُوا۟ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ ٱلْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ
أَمْرِ رَبِّهِۦٓ ۗ

**ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ - سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ①، (كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا بىز سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر (دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا) بىزنى سىلەر ئۈچۈن (مۇنداق بىر ئۇچرىشىش) ۋاقتىنى بېكىتمەيدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىڭلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغان ئىدىڭلار)» (دەيمىز) [48]. كىشىلەرنىڭ نامە - ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەنلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي ئىسىت بىزگە! بۇ قانداق كىتاب؟ چوڭ - كىچىك ھېچبىر ئىشنى چالا قويماي تولۇق خاتىرىلەپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە - ئەمالىغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، رەببىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ [49]. ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى②. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەببىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى③.**

① بۇنىڭ بىر مەنىسى، بارلىق مەخلۇقات ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا بىرلا سەپ بولۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا سەپ - سەپ بولۇپ تۇرىدۇ.

② قۇرئان كەرىم بايان قىلغان بۇ ھەقىقەتتىن ئايان بولىدىكى،

شەيتان پەرىشتىلەردىن ئەمەس ئىدى، ئەگەر پەرىشتە بولغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى، چۈنكى ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە ئەھلى - ئەۋلادىڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇنىڭ ئۈستىدە رەھىم قىلمايدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر بولىدۇ، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾. (سۈرە تەھرىم 6-ئايەت) ئۇنداق بولسا، يەنە بىر مەسىلە چىقىدۇ، ئەگەر ئۇ پەرىشتە بولمىسا، ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە خىتابى ئۇنىڭغا قارىتىلمىغان بولىدۇ، چۈنكى خىتاب پەرىشتىلەرگە قارىتىلغان ۋە ئۇلارلا سەجدە قىلىشقا ئەمر قىلىنغان ئىدى. «روھۇلمەئانى»نىڭ يازغۇچىسى مۇنداق دەيدۇ: توغرا، ئۇ پەرىشتىلەردىن ئەمەس ئىدى، بىراق پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە تۇراتتى ۋە شۇلار بىلەن بىرگە سانىلاتتى، شۇڭا ئۇمۇ ﴿ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار﴾ دېگەن بۇيرۇق ئاستىغا كىرەتتى، ئۇ بۇيرۇقنىڭ ئۇنىڭغىمۇ قارىتىلغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسْجُدَ إِذْ أَمَرْتُكَ﴾ ﴿ئاللاھ (ئىبلىسقا) «سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى﴾. (سۈرە ئەئراف 12-ئايەت)

③ ﴿فَسَقَ﴾نىڭ مەنىسى چىقماق، ئىتائەتتىن چىقماق. چاشقان ئۇۋىسىدىن چىقتى دېگەن ئىبارە ئەرەبچىدە «فَسَقَتْ الْفَأْرَةُ مِنْ جُحْرِهَا» دېيىلىدۇ. شەيتانمۇ سەجدە قىلىشقا ئۇنىماي، رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى.

أَفَتَتَّخِذُونَهُۥ وَذُرِّيَّتَهُۥٓ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِى وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّۢ ۚ بِئْسَ لِلظَّٰلِمِينَ بَدَلًا ﴿٥٠﴾ ۞ مَّآ أَشْهَدتُّهُمْ خَلْقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَلَا خَلْقَ أَنفُسِهِمْ وَمَا كُنتُ مُتَّخِذَ ٱلْمُضِلِّينَ عَضُدًا ﴿٥١﴾ وَيَوْمَ يَقُولُ نَادُوا۟ شُرَكَآءِىَ ٱلَّذِينَ زَعَمْتُمْ فَدَعَوْهُمْ فَلَمْ يَسْتَجِيبُوا۟ لَهُمْ وَجَعَلْنَا بَيْنَهُم مَّوْبِقًا ﴿٥٢﴾

***(ئى ئىنسانلار!) سىلەر مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر① ، بۇ (يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا ئىتائەت قىلىش) زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان ئالماشتۇرۇش!② [50]. مەن ئۇلارنى (يەنى ئىبلىس ۋە ئەۋلادلىرىنى) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىغا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىغىمۇ ھازىر قىلغىنىم يوق③ . مەن ئاشۇ ئازدۇرغۇچىلارنى ئەزەلدىن ياردەمچى قىلىپ تۇتقىنىممۇ يوق④ [51]. شۇ كۈندە ئاللاھ (مۇشرىكلارغا) ئېيتىدۇ: «سىلەر ماڭا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەرنى چاقىرىپ بېقىڭلار». ئۇلار چاقىرىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئۇ نەرسىلەر ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھالاكەتلىك جاينى پەيدا قىلىمىز⑤ [52].***

① يەنى سىلەرگە ئاللاھنى قويۇپ، ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنى، ۋە رەببىڭلارنىڭ دۈشمىنى بولغان ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست تۇتۇش توغرا بولامدۇ؟ سىلەر ئاللاھنى قويۇپ شەيتانغا ئىتائەت قىلامسىلەر؟

② بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇنداق: ﴿زالىملار تاللىغان بەدەل (ئالماشتۇرۇش) نېمىدېگەن يامان!﴾ يەنى ئاللاھنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى قويۇپ، شەيتاننى دوست تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش زالىملار تاللىغان ئەڭ يامان ئالماشتۇرۇشتۇر.

③ يەنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى يارىتىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشتا ھەتتا شۇ شەيتانلارنى يارىتىشتا ئۇلاردىن ياكى ئۇلارنىڭ بىرەرسىدىن ھېچبىر ياردەم ئالغىنىمىز يوق. ئۇلار ئۇ چاغدا ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇنداق تۇرسا، سىلەر نېمە ئۈچۈن شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا چوقۇنىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا بويسۇنىسىلەر؟ ماڭا ئىبادەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشتىن نېمىشقا قاچىسىلەر؟ ھالبۇكى، بۇلار بولسا مەخلۇقلار؛ مەن بولسام ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇرمەن.

④ ئەگەر بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىشنى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ تۇرۇپ، مەن بىرىنى ياردەمچى قىلىپ يارىتىدىغان بولسام، ئۇنى قانداق يارىتاتتىم؟ ئۇنى بەندىلىرىمنى ئازدۇرۇپ، جەننىتىم ۋە رىزالىقىمدىن

توسىدىغان قىلىپ يارىتامتىم؟

⑤ ﴿مَوْبِقًا﴾نىڭ مەنىسى ھىجاب، پەردە، توساق دېمەكتۇر، يەنى ئۇلار ئۆزئارا ئاداۋەتتە بولغانلىقتىن مەھشەر كۈنى بىر-بىرىنى كۆرەلمىسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردە ۋە پاسىل بەرپا قىلىنىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ «ھالاكەتلىك جاي» جەھەننەمدىكى قان-يىرىڭ بىلەن تولغان مەخسۇس بىر ۋادىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ سۆز ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە كەلگەندەك «ھالاكەتلىك جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى مۇشرىكلار دۇنيادا ئىلاھلىرىمىز دەپ ئويلىغان ئاتالمىش مەبۇدلىرى بىلەن كۆرۈشەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھالاكەتلىك جاي ۋە قورقۇنچلۇق نەرسىلەر بولىدۇ.

وَرَءَا ٱلْمُجْرِمُونَ ٱلنَّارَ فَظَنُّوٓاْ أَنَّهُم مُّوَاقِعُوهَا وَلَمْ يَجِدُواْ عَنْهَا
مَصْرِفًا ﴿٥٣﴾ وَلَقَدْ صَرَّفْنَا فِى هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ لِلنَّاسِ مِن كُلِّ مَثَلٍۚ
وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ أَكْثَرَ شَىْءٍ جَدَلًا ﴿٥٤﴾ وَمَا مَنَعَ ٱلنَّاسَ أَن يُؤْمِنُوٓاْ إِذْ
جَآءَهُمُ ٱلْهُدَىٰ وَيَسْتَغْفِرُواْ رَبَّهُمْ إِلَّآ أَن تَأْتِيَهُمْ سُنَّةُ ٱلْأَوَّلِينَ أَوْ
يَأْتِيَهُمُ ٱلْعَذَابُ قُبُلًا ﴿٥٥﴾ وَمَا نُرْسِلُ ٱلْمُرْسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ
وَمُنذِرِينَۚ وَيُجَٰدِلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِٱلْبَٰطِلِ لِيُدْحِضُواْ بِهِ ٱلْحَقَّۖ
وَٱتَّخَذُوٓاْ ءَايَٰتِى وَمَآ أُنذِرُواْ هُزُوًا ﴿٥٦﴾

***گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چوقۇم كىرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ① [53]. شەكسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق. ئىنسان ئەڭ كۆپ دەتالاش قىلغۇچىدۇر (يەنى كۆپ جېدەللىشىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدۇر)② [54]. ئىنسانلارغا ھىدايەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقلىرى ۋە رەببىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلماسلىقلىرى پەقەت (ئاللاھنىڭ) بۇرۇنقىلارغا تۇتقان يولىنى (يەنى ھالاك قىلىشنى كۈتىدىغانلىقلىرى)③ ياكى ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە روبىرو كېلىشىنى (ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى***

***كۆتىدىغانلىقلىرى) ئۈچۈندۇر④ [55]. بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ئىمان ئېيتقۇچىلارغا) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتىمىز. كاپىرلار باتىل سۆزلىرى ئارقىلىق (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن) ھەقىقەتنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن (ئۇلار بىلەن) مۇنازىرىلىشىدۇ، ئۇلار مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى مەسخىرە (تېمىسى) قىلىۋالغان⑤ [56].***

① شۇنىڭدەك بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن كاپىرمۇ قىرىق يىللىق مۇساپىدىن، ئۆزىنىڭ جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقىنى جەزم قىلىدۇ. (مۇسنەدى ئەھمەد 3-توم، 75-بەت)

② يەنى بىز ئىنسانلارغا ھەق يولنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن قۇرئاندا تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللاندۇق، بىز ئۇلارغا تۈرلۈك ۋەز-نەسىھەتلەر، مىساللار، قىسسىلەر، دەلىل-پاكىتلارنى ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسلۇب بىلەن قايتا-قايتا بايان قىلدۇق. شۇنداق تۇرسىمۇ ئۇلار يەنە كۆپ جېدەللىشىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا نە ۋەز-نەسىھەت تەسىر قىلمايدۇ، نە دەلىل-پاكىتلار پايدا قىلمايدۇ.

③ يەنى ھەقنى ئىنكار قىلغان ئەھۋالدا، ئىلگىرىكىلەرگە كەلگەن ئازابنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ كېلىشىنى كۆتكەنلىكى ئۈچۈندۇر.

④ يەنى ئەھلى مەككە ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى كۈتىۋاتىدۇ. لېكىن بۇلار ئىككى ئىشنىڭ بىرى كەلگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ياكى ئىككى ئىشنىڭ بىرى كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىمان ئېيتقىدەك پۇرسەت بولامدۇ؟

⑤ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مازاق قىلىش ئىنكار قىلىشنىڭ ئەڭ قەبىھ بىر شەكلى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك «باتىل سۆزلەر ئارقىلىق جېدەللىشىش ۋە مۇنازىرىلىشىش» يەنى باتىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھەقىقەتنى باتىل قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشمۇ ناھايىتى رەزىل بىر ھەرىكەتتۇر. بۇنىڭ يەنە بىر شەكلى كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ﴿سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان﴾. (سۈرە ياسىن 15-ئايەت) يەنى سىلەر بىزگە ئوخشاش ئىنسان تۇرساڭلار، بىز سىلەرنى قانداقمۇ پەيغەمبەر دەپ

ئېتىراپ قىلمىز؟ دەپ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. ﴿لِيُدۡحِضُوا۟﴾ ئەسلىدە «دَحَضَ» دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، تېيىلماق مەنىسىدە ئىشلىتىلەتتى، مەسىلەن: «دَحَضَتْ رِجْلُهُ «(پۇتى تېيىلىپ كەتتى) دېگەندەك، كېيىن بۇنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ، بىر نەرسىنىڭ زاۋال تېپىشى، يوق بولۇشى، باتىل بولۇشى دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولدى، مەسىلەن: «دَحَضَتْ حُجَّتُهُ دُحُوْضًا يَعْنِيْ بَطَلَتْ «(ئۇنىڭ پاكىتى بىكار بولدى). شۇنىڭغا ئاساسەن «أَدْحَضَ، يُدْحِضُ»نىڭ مەنىسى بىكار قىلىش، يوققا چىقىرىش بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِۦ فَأَعۡرَضَ عَنۡهَا وَنَسِيَ مَا
قَدَّمَتۡ يَدَاهُۚ إِنَّا جَعَلۡنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ أَكِنَّةً أَن يَفۡقَهُوهُ وَفِيٓ ءَاذَانِهِمۡ
وَقۡرٗاۖ وَإِن تَدۡعُهُمۡ إِلَى ٱلۡهُدَىٰ فَلَن يَهۡتَدُوٓاْ إِذًا أَبَدٗا ﴿٥٧﴾ وَرَبُّكَ
ٱلۡغَفُورُ ذُو ٱلرَّحۡمَةِۖ لَوۡ يُؤَاخِذُهُم بِمَا كَسَبُواْ لَعَجَّلَ لَهُمُ ٱلۡعَذَابَۚ
بَل لَّهُم مَّوۡعِدٞ لَّن يَجِدُواْ مِن دُونِهِۦ مَوۡئِلٗا ﴿٥٨﴾

***رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىلىنغان تۇرۇپمۇ، ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. سەن ئۇلارنى ھىدايەتكە چاقىرىپ تۇرساڭمۇ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا، قۇرئانغا دەۋەت قىلساڭمۇ، ئۇلار دەۋىتىڭنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ)① [57]. رەببىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم ـ شەپقەت ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك (دەرھال) جازالايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئازابنى تېزلەتكەن بولاتتى، لېكىن ئۇلارغا بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت بار، (ئۇ ۋاقىت كەلگەندە) ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن باشقا پاناھگاھ تاپالمايدۇ② [58].***

① يەنى ئۇلار مۇشۇنداق زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبلىك رەببىنىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈدى، ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنى تۈيماي كېتىۋەردى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ دىللىرى پەردىلەندى، قۇلاقلىرى ئېغىر بولۇپ قالدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا قۇرئاننى ئاڭلاش، چۈشىنىش، ئۇنىڭدىن ھىدايەت قوبۇل قىلىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇلارنى ھىدايەت تەرەپكە ھەر قانچە دەۋەت قىلساڭمۇ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تەرەپكە ماڭمايدۇ.

② يەنى سېنىڭ رەببىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىم قىلغۇچى زات بولغاچقا، گۇناھكارلارنى دەرھال جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي، ھەر ئىنساننى ئۇنىڭ خاتالىقىغا ئاساسەن دەرھال جازالايدىغان بولسا، خاتالىقى سەۋەبلىك ھەربىر ئىنسان ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان بولاتتى. ئەمما ھامان ئەمەلگە ئاشىدىغان ھەقىقەت شۇكى، ياخشى ئەمەل قىلىۋېلىشقا بېرىلگەن مۆھلەت توشقان ۋە ئاللاھ بەلگىلىگەن ھالاك بولىدىغان ۋاقىت كەلگەن چاغدا، گۇناھكارلارغا قاچىدىغان ھېچبىر يول ۋە ساقلىنىدىغان پاناھگاھ قالمايدۇ. ﴿مَوْئِلًا﴾ پاناھگاھ ۋە قاچىدىغان جاي دېگەن مەنىدە.

وَتِلْكَ ٱلْقُرَىٰٓ أَهْلَكْنَٰهُمْ لَمَّا ظَلَمُوا۟ وَجَعَلْنَا لِمَهْلِكِهِم مَّوْعِدًا ﴿٥٩﴾
وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِفَتَىٰهُ لَآ أَبْرَحُ حَتَّىٰٓ أَبْلُغَ مَجْمَعَ ٱلْبَحْرَيْنِ أَوْ
أَمْضِىَ حُقُبًا ﴿٦٠﴾ فَلَمَّا بَلَغَا مَجْمَعَ بَيْنِهِمَا نَسِيَا حُوتَهُمَا فَٱتَّخَذَ
سَبِيلَهُۥ فِى ٱلْبَحْرِ سَرَبًا ﴿٦١﴾

*شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر ھەقنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغان چاغدا، بىز ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىگەن ئىدۇق① [59]. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش شاگىرتىغا②: «ئىككى دېڭىز قوشۇلىدىغان جايغا③ يەتمىگۈچە مېڭىشىمنى توختاتمايمەن، (شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر) ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن» دېگەن ئىدى④ [60]. ئۇلار ئىككى دېڭىز قوشۇلىدىغان جايغا يېتىپ بارغاندا، بېلىقنى ئۇنتۇپ قالدى، بېلىق دېڭىزغا (تونېلغا*

*ئوخشاش) يول ئېچىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى [61].*

① بۇ يەردىكى «شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى» ھۇد، سالىھ، شۇئەيب ۋە لۇت ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ھىجاز ئەھلىگە يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىغا يېقىن جايلاردا ياشايتتى. گەرچە ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھالاك قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا ئۇزۇن مۇددەت پۇرسەت بېرىلگەن ئىدى. ئۇلار زۇلۇم قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىشتا ھىدايەت يولى پۈتۈنلەي ئېتىلىدىغان بىر چەككە بېرىپ يەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىنىشىدىن ئۈمىد قالمىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەمەل مۆھلىتى توشۇپ، ھالاك بولىدىغان ۋاقتى باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خاتا ھەرپ ئۆچۈرۈلگەندەك، زېمىن يۈزىدىن ئۆچۈرۈلۈپ تاشلاندى ياكى دۇنيا ئەھلىگە ئىبرەت قىلىندى. بۇ ئايەت ئەسلىدە مەككە ئەھلىگە شۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرىۋاتىدۇكى، سىلەر بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر، سىلەرگە ئۇزۇن مۆھلەت بېرىلگەنلىكىنىڭ مەنىسى، سىلەردىن ھېساب ئالىدىغان ھېچكىم يوق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ ھەربىر شەخس، گۇرۇھ ۋە قەۋمگە مەلۇم مۇددەتكىچە مۆھلەت بېرىدۇ. سىلەرگە بېرىلگەن مۆھلەت تۈگەشتىن بۇرۇن كۇفرىدىن يانمىساڭلار، سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلار ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

② بۇ ياش شاگىرت يۇشەئ ئىبنى نۇن ئەلەيھىسسالام بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولغان.

③ بۇ جاينىڭ ئورنى تېخىچە ئېنىق بولغىنى يوق، ئايەتنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئۇقۇملارنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، ئۇ يەر سىنا چۆلىنىڭ باش جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان، ئۇقبە ئارىلى بىلەن سۇۋەيس ئارىلى بىرلىشىدىغان جاي بولۇپ، شۇ يەردىن قىزىل دېڭىزغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

④ ﴿حُقُبًا﴾ بىر مەنىسى 80 يىل، يەنە بىر مەنىسى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن مۇددەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئىككىنچى مەنىسى

ئېلىنغان، يەنى ئىككى دېڭىز قوشۇلىدىغان جايغا يەتمىگۈچە مېڭىشىمنى داۋاملاشتۇرىمەن، يەنى شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن، ھەر قانچە ئۇزۇن ۋاقىت كەتسىمۇ، توختىماي مېڭىۋېرىمەن. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سەپەرگە چىقىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: «مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ۋەز سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭدىن: ئىنسانلار ئىچىدە كىم ئەڭ بىلىملىك؟ دېگەن بىر سوئال سورالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: مەن ھەممىدىن بىلىملىك، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ (ئىنسانلار ئىچىدە كىمنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ، دېمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كايىپ، ئۇنىڭغا ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدە مېنىڭ سەندىن بىلىملىكرەك بىر بەندەم بار، ئۇنىڭ قېشىغا بارغىن، دەپ ۋەھيي قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئۇنى قانداق تاپالايمەن؟ دېدى. ئاللاھ تائالا: بىر بېلىقنى سېۋەتكە سېلىپ ئېلىۋالغىن، بېلىقنى قەيەردە يوقىتىپ قويساڭ، ئۇ شۇ يەردە، دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 2547-ھەدىس) شۇڭا ئۇلار بىر بېلىقنى ئېلىپ، سەپەرگە چىققان ئىدى.

فَلَمَّا جَاوَزَا قَالَ لِفَتَىٰهُ ءَاتِنَا غَدَآءَنَا لَقَدْ لَقِينَا مِن سَفَرِنَا هَٰذَا نَصَبًا ﴿٦٢﴾ قَالَ أَرَءَيْتَ إِذْ أَوَيْنَآ إِلَى ٱلصَّخْرَةِ فَإِنِّى نَسِيتُ ٱلْحُوتَ وَمَآ أَنسَىٰنِيهُ إِلَّا ٱلشَّيْطَٰنُ أَنْ أَذْكُرَهُۥ ۚ وَٱتَّخَذَ سَبِيلَهُۥ فِى ٱلْبَحْرِ عَجَبًا ﴿٦٣﴾ قَالَ ذَٰلِكَ مَا كُنَّا نَبْغِ ۚ فَٱرْتَدَّا عَلَىٰٓ ءَاثَارِهِمَا قَصَصًا ﴿٦٤﴾

*ئۇلار (ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدىن) ئۆتۈپ بولغاندا مۇسا ياش شاگىرتىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى [62]. ياش شاگىرت: «قارىمامسەن؟ بىز چوڭ تاشنىڭ ئاستىدا ئارام ئالغان ۋاقتىمىزدا، بېلىققا بولغان ئەھۋالنى (ساڭا ئېيتىشنى) ئۇنتۇپتىمەن. ئۇنى ساڭا ئېيتىشمنى پەقەتلا شەيتان ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، بېلىق (شۇ چاغدا) ھەيران قالارلىق ھالدا دېڭىزغا يول ئېلىپ كىرىپ*

***كەتكەن ئىدى»① دېدى [63]. مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دېدى ـ دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە قايتتى② [64].***

① يەنى بېلىق تىرىلىپ، دېڭىزغا كىرىپ كەتتى، ئاللاھ تائالا بېلىقنىڭ سۇدىكى ئىزىنى خۇددى سۇغا تاش چۈشكەندەك كاۋاك قالدۇردى. يۇشەئ ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ دېڭىزغا كىرىپ كەتكىنىنى ۋە ئىز قالدۇرغىنىنىمۇ كۆردى، ئەمما بۇ ئەھۋالنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالدى، ئارام ئېلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە سەپەرنى داۋام قىلدى. شۇ كۈنى ۋە ئاخشىمى يۈرۈپ، ئەتىسى مۇسا ئەلەيھىسسالام هارغىنلىق ھېس قىلدى، قورساق ئېچىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ياش شاگىرتىغا: ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، دېدى. ياش شاگىرت: بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا بېلىق تىرىلىپ، ھەيران قالارلىق ئىز قالدۇرۇپ دېڭىزغا كىرىپ كەتكەن ئىدى. بۇنى مەن ساڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن، بۇنى ماڭا شەيتان ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، دېدى.

② مۇسا ئەلەيھىسسالام: ھەي ئاللاھنىڭ بەندىسى! بېلىق تىرىلىپ، غايىب بولىدىغان جاي، بىزنىڭ مەنزىلىمىز ئىدى، بىز شۇ جاينى كۆزلەپ يول يۈرۈۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟ دېدى-دە، كەلگەن ئىزىنى بويلاپ كەينىگە قايتتى ۋە ئىككى دېڭىز قوشۇلىدىغان يەرگە كەلدى. ﴿قَصَصًا﴾نىڭ مەنىسى كەينىدىن مېڭىش، كەينىدىن ئەگىشىش، يەنى ئۇلار ئۆزلىرى قالدۇرغان قەدەم ئىزىنى بويلاپ، كەينىگە مېڭىپ كەتتى.

فَوَجَدَا عَبۡدٗا مِّنۡ عِبَادِنَآ ءَاتَيۡنَٰهُ رَحۡمَةٗ مِّنۡ عِندِنَا وَعَلَّمۡنَٰهُ مِن
لَّدُنَّا عِلۡمٗا ﴿٦٥﴾ قَالَ لَهُۥ مُوسَىٰ هَلۡ أَتَّبِعُكَ عَلَىٰٓ أَن تُعَلِّمَنِ مِمَّا
عُلِّمۡتَ رُشۡدٗا ﴿٦٦﴾ قَالَ إِنَّكَ لَن تَسۡتَطِيعَ مَعِيَ صَبۡرٗا ﴿٦٧﴾ وَكَيۡفَ
تَصۡبِرُ عَلَىٰ مَا لَمۡ تُحِطۡ بِهِۦ خُبۡرٗا ﴿٦٨﴾ قَالَ سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ
صَابِرٗا وَلَآ أَعۡصِي لَكَ أَمۡرٗا ﴿٦٩﴾ قَالَ فَإِنِ ٱتَّبَعۡتَنِي فَلَا تَسۡـَٔلۡنِي
عَن شَيۡءٍ حَتَّىٰٓ أُحۡدِثَ لَكَ مِنۡهُ ذِكۡرٗا ﴿٧٠﴾

**ئاندىن ئۇ ئىككىسى (شۇ چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بەندىلىرىمىزدىن بىزنىڭ ئالاھىدە مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن① ۋە بىز دەرگاھىمىزدىن (خاس) ئىلىم② بىلدۈرگەن بىر بەندىنى③ (يەنى خىزىرنى) ئۇچراتتى [65]. مۇسا ئۇنىڭغا: «ساڭا بىلدۈرۈلگەن ئىلىملەردىن ماڭا توغرىنى كۆرسىتىدىغان ئىلىمنى ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگەشسەم بولامدۇ؟» دېدى [66]. ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن [67]. سەن (ھەقىقىتىنى) چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن④ (يەنى قارىماققا يامان، ئەمما ماھىيىتىنى سەن چۈشەنمىگەن) ئىشقا قانداقمۇ سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟» [68]. مۇسا ئېيتتى: «ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋرچان ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن» [69]. ئۇ ئېيتتى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگۈچە مەندىن ھېچ نەرسە ھەققىدە سوئال سورىما (يەنى ئۆزۈم سۆزلەپ بەرمىگۈچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)» [70].**

① بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «مەرھەمەت»تىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇشۇ خاس بەندىسىگە ئاتا قىلغان ئالاھىدە نېمەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ ئالىدۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلىك كۆزدە تۇتۇلغان، دەپ ئالىدۇ.

② خىزىر ئەلەيھىسسالامدا پەيغەمبەرلىك ئىلمىدىن باشقا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغىلا بىلدۈرگەن بىر قىسىم تەكۋىنىي ئىشلارغا خاس ئىلىم بار ئىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ئىلمىنى بىلسىمۇ، ئۇ ئىلىمنى بىلمەيتتى. بەزى سوپىلار بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەۋا قىلىدۇ: «ئاللاھ بەزى پەيغەمبەر بولمىغان كىشىلەرگە ئىلمى لەدۇن ئاتا قىلىدۇ، بۇ ئىلىم بەندىگە بىر ئۇستازدا تەلىم ئالماستىن، پەقەت ئاللاھنىڭ پەزلى-كەرەمىگە ئېرىشىش بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ، بۇ باتىنى (ئىچكى) ئىلىم دەپ ئاتىلىدۇ؛ قۇرئان-ھەدىس ئىلمى بولغان شەرىئەت ئىلمى زاھىرى (تاشقى) ئىلىمدۇر، باتىنى ئىلىم بولسا شەرىئەت ئىلمىدىن پەرقلىقتۇر، ھەتتا گاھىدا ئۇنىڭغا قارشى ۋە زىت بولىدۇ». بىراق بۇ خىل دەلىل كەلتۈرۈش توغرا ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزى خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۇنىڭغا خاس ئىلىم بېرىلگەنلىكىنى

ئۇچۇق بايان قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا بىرىگە مۇنداق ئىلىم بېرىلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق ئىشارەت يوق. ئەگەر ئۇ ئىلىم ئومۇمىي قىلىنىۋېتىلسە، ھەربىر سېھىرگەر مەنمۇ شۇ ئىلىمنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلىپ قوپىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشۇنداق دەۋا قىلىدىغان ئالدامچى سېھىرگەرلەر ئاز ئەمەس. شۇڭا بۇنداق دەۋالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقتۇر.

③ «بىر بەندىنى» دېگەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ بەندىنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى سەھىھ ھەدىسلەردە ئېنىق بايان قىلىنغان. "خِضْرٌ" نىڭ مەنىسى ئوت-چۆپ، كۆكتاتتەك يېشىل دېمەكتۇر. «ئۇ بىر قېتىم قۇرۇق يەردە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئاستىدىن ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر ئۇنۇپ چىقىپ لەپىلدەشكە باشلىغان، ئۇ شۇ ۋەجىدىن خىزىر (يېشىل) دەپ ئاتالغان». (سەھىھۇل بۇخارى 3402-ھەدىس)

④ يەنى سەن ھەقىقەتنى تولۇق بىلمىگەن ئىشقا قانداقمۇ چىداپ تۇرالايسەن؟

فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَا رَكِبَا فِي ٱلسَّفِينَةِ خَرَقَهَاۖ قَالَ أَخَرَقۡتَهَا لِتُغۡرِقَ
أَهۡلَهَا لَقَدۡ جِئۡتَ شَيۡـًٔا إِمۡرٗا ﴿٧١﴾ قَالَ أَلَمۡ أَقُلۡ إِنَّكَ لَن تَسۡتَطِيعَ
مَعِيَ صَبۡرٗا ﴿٧٢﴾ قَالَ لَا تُؤَاخِذۡنِي بِمَا نَسِيتُ وَلَا تُرۡهِقۡنِي مِنۡ
أَمۡرِي عُسۡرٗا ﴿٧٣﴾ فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَا لَقِيَا غُلَٰمٗا فَقَتَلَهُۥ قَالَ
أَقَتَلۡتَ نَفۡسٗا زَكِيَّةَۢ بِغَيۡرِ نَفۡسٖ لَّقَدۡ جِئۡتَ شَيۡـٔٗا نُّكۡرٗا ﴿٧٤﴾

***شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە مېڭىپ كېلىپ بىر كېمىگە چىقىشتى، ئۇ (خىزىر) كېمىنى تېشىۋەتتى، مۇسا (ئۇنىڭغا): «كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تېشىۋەتتىڭمۇ؟ سەن راستتىنلا قورقۇنچلۇق (غەلىتە) بىر ئىش قىلدىڭ» دېدى① [71]. ئۇ (خىزىر): «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ھەرگىز سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى [72]. مۇسا ئېيتتى: «ۋەدەمنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى***

***ئەيىبلىمە، (سەن بىلەن بىللە بولۇش) ئىشىمدا مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويما»② [73]. ئۇ ئىككىسى يەنە بىرلىكتە ماڭدى، ئۇلار بىر بالىنى ئۇچراتتى③، ئۇ (خىزىر) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا: «سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن راستىنلا چوڭ بىر (گۇناھ) ئىشنى قىلدىڭ»④ [74].***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىنى تېشىۋېتىشتە ئاساسلانغان تەكۋىنىي ئىلىمنى بىلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا سەۋر قىلالماي، ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە چۈشەنچىسى بويىچە ئۇنىڭ قىلغىنىنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئىش دەپ ھۆكۈم قىلدى. ﴿إِمۡرٗا﴾ مەنىسى «الدَّاهِيَةُ العَظِيْمَةُ» (چوڭ قورقۇنچلۇق بىر ئىش، غەلىتە، خەتەرلىك ئىش) دېمەكتۇر.

② يەنى ماڭا يۇمشاق مۇئامىلە قىلغىن، قوپاللىق قىلمىغىن ياكى ئىلمىڭدىن ئۆگىنىۋېلىشنى ئاسانلاشتۇرغىن، قىيىنلاشتۇرمىغىن.

③ ﴿غُلَٰمٗا﴾ بالاغەتكە يەتكەن چوڭ بالا ياكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

④ ﴿نُّكۡرٗا﴾ يەنى «فَظِيْعًا مُنْكَرًا لَايُعْرَفُ فِيْ الشَّرْعِ» شەرىئەتتە قەتئىي قىلىشقا بولمايدىغان مۇنكەر يامان ئىش. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇنى ئالدىنقى مۇنكەردىنمۇ بەتتەر، كېمىنى تەشكەندىنمۇ ئېغىر گۇناھ، دەپ تەپسىر قىلدۇ، سەۋەبىنى ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەن ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى ۋە ئۈگشىۋالغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئەمما تېشىلگەن كېمىنى ئوڭشىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ بايان قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭغا ئالدىنقىدىن كەم ۋە زىيىنى ئازراق دەپ مەنە ئېيتىدۇ، چۈنكى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىنى غەرق قىلىۋېتىشكە قارىغاندا ئازدۇر (فەتھۇلقەدىر) لېكىن بىرىنچى ئۇقۇم ئەڭ توغرا دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام شەرىئەت ئىلمىنى بىلگەچكە خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلمىشىنى شەرىئەتكە خىلاپ دەپ قاراپ، دەرھال ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردى ۋە ئۇ ئىشنى چوڭ مۇنكەر ئىش دەپ ھۆكۈم قىلدى.

۞ قَالَ أَلَمۡ أَقُل لَّكَ إِنَّكَ لَن تَسۡتَطِيعَ مَعِيَ صَبۡرٗا ﴿٧٥﴾ قَالَ إِن
سَأَلۡتُكَ عَن شَيۡءِۭ بَعۡدَهَا فَلَا تُصَٰحِبۡنِيۖ قَدۡ بَلَغۡتَ مِن لَّدُنِّي
عُذۡرٗا ﴿٧٦﴾ فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَآ أَتَيَآ أَهۡلَ قَرۡيَةٍ ٱسۡتَطۡعَمَآ أَهۡلَهَا
فَأَبَوۡاْ أَن يُضَيِّفُوهُمَا فَوَجَدَا فِيهَا جِدَارٗا يُرِيدُ أَن يَنقَضَّ فَأَقَامَهُۥۖ
قَالَ لَوۡ شِئۡتَ لَتَّخَذۡتَ عَلَيۡهِ أَجۡرٗا ﴿٧٧﴾ قَالَ هَٰذَا فِرَاقُ بَيۡنِي
وَبَيۡنِكَۚ

***(خىزىر) ئېيتتى: «ساڭا مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ھەرگىز سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» [75]. (مۇسا) ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، سەن مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، سەن (مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلماسلىقتا) مەندىن ئۆزرە ئېيتىدىغان يەرگە (يەنى چەككە) يەتتىڭ»① [76]. ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىۋىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشنى ئۇنىمىدى②، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇ (خىزىر) ئۇنى تۈزلەپ قويدى③. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن سەن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ»④ [77]. (خىزىر) ئېيتتى: «بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىزدۇر)⑤.***

① يەنى ئەمدى ئەگەر سەندىن يەنە سوئال سورىسام، مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىش شەرىپىدىن مەھرۇم قىلساڭ بولىدۇ، بۇنىڭغا مەن ئېتىراز بىلدۈرمەيمەن، چۈنكى سەندە بۇنىڭغا يېتەرلىك ئۆزرە بولىدۇ.

② يەنى بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى بېخىل ئىدى، بۇ شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى، ۋەھالەنكى مۇساپىرلارغا تاماق بېرىش ۋە مېھماندارچىلىق ھەر شەرىئەتنىڭ تەلىماتلىرى ئىچىدە مۇھىم ئەخلاقىي بۇرچ بولۇپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھماننى ھۆرمەتلەش ئىماننىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق

دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن». (سەھىھۇل بۇخارى 6476ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 14ـ، 48ـ ھەدىس، 1727ـ ھەدىستىن ئېلىندى)

③ خىزىر بۇ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان تامنى قولى بىلەن سىلاپ قويىدى، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆجىزە يۈز بېرىپ، تام تۈز بولۇپ قالدى. بۇ ۋەقە سەھىھۇل بۇخارى 4726ـ ھەدىستە بايان قىلىنغان.

④ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ قوپال مۇئامىلىسى سەۋەبلىك باشتىنلا كۆڭلى بىئارام ئىدى، خىزىرنىڭ بۇ بەدەلسىز خىزمىتىگە سۆكۈت قىلىپ تۇرالمىدى-دە سۆزلەپ تاشلىدى. ئۇ: بىزنىڭ مېھمان، ھاجەتمەن ھەم مۇساپىر ئىكەنلىكىمىزگە قىلچىمۇ ئېتىبار قىلمىغان بۇ شەھەر ئاھالىسى بۇ قەدەر خىزمەت قىلىشقا لايىق ئەمەس، دېدى.

⑤ خىزىر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: مانا سەن ئۈچىنچى قېتىممۇ سەۋر قىلالمىدىڭ، مانا ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ دېگىنى بويىچە سېنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىشتىن ئۆزرە ئېيتىمەن.

سَأُنَبِّئُكَ بِتَأْوِيلِ مَا لَمْ تَسْتَطِع عَّلَيْهِ صَبْرًا ﴿٧٨﴾ أَمَّا ٱلسَّفِينَةُ
فَكَانَتْ لِمَسَٰكِينَ يَعْمَلُونَ فِي ٱلْبَحْرِ فَأَرَدتُّ أَنْ أَعِيبَهَا وَكَانَ
وَرَآءَهُم مَّلِكٌ يَأْخُذُ كُلَّ سَفِينَةٍ غَصْبًا ﴿٧٩﴾ وَأَمَّا ٱلْغُلَٰمُ فَكَانَ
أَبَوَاهُ مُؤْمِنَيْنِ فَخَشِينَآ أَن يُرْهِقَهُمَا طُغْيَٰنًا وَكُفْرًا ﴿٨٠﴾

*مەن ساڭا سەن سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي① [78]. كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى تېشىپ ئەيىبلىك قىلىپ قويماقچى بولدۇم، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يوللىرىدا) ھەرقانداق (ساق) كېمىنى ئىگىسىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى [79]. ھېلىقى بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇئمىن ئىدى. ئۇنىڭ (چوڭ بولغاندا) گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىلىقنى ئاتا*

**- ئانىسىغا تېگىشىدىن ئەنسىرىدۇق [80].**

① خىزىر ئايرىلىشتىن بۇرۇن، مۇسا ئەلەيھىسساالامنىڭ خاتا چۈشەنچە بىلەن كىتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەزكۇر ئۈچ ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۇرۇپ قويۇشنى زۆرۈر دەپ قارىدى. شۇنداق قىلغاندا مۇسا ئەلەيھىسساالام خاتا چۈشەنچە بىلەن كىتىپ قالمايتتى يەنە ئۆزىگە بېرىلگەن پەيغەمبەرلىك ئىلمى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بويىچە خىزىرغا بېرىلگەن تەكۋىنىي ئىلمىنىڭ پەرقى ۋە ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقى ئايان بولاتتى. چۈنكى خىزىرنىڭ ئەنە شۇ تەكۋىنىي ئىلمىگە ئاساسەن قىلغان ئىشلىرى شەرىئەت ئىلمى نۇقتىسىدىن جايىز ئەمەس ئىدى، شۇ ۋەجىدىن مۇسا ئەلەيھىسساالام بۇ ئىشلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمىغان ئىدى. كائىناتتىكى تەكۋىنىي ئىشلار يەنى تەقدىر-ئىرادىگە ئاالاقىدار مەزكۇر ئىشلارنى بەجا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بەزى ئۆلىماالار خىزىرنى ئادەمزاتى ئەمەس دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىنسانلارغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىك، ئەلچىلىك ۋە ئەۋلىيالىق ماقامى مەۋجۇت ئەمەس، بۇ مەنسەپ ۋە ماقامالار پەقەت ئىنسانلارغا خاس بولۇپ كەلگەن. ئۇلار يەنە: خىزىر پەرىشتە ئىدى، دەيدۇ. لېكىن ئەگەر ئاللاھ تائاالا ئۆزىنىڭ قايسىبىر پەيغەمبىرىگە تەقدىر-ئىرادىگە ئاالاقىدار بەزى ئىلىملەرنى بىلدۇرۇپ، ئۇ ئارقىلىق بەزى ئىشلارنى قىلدۇرماقچى بولسا، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس. ئۆزىگە ۋەھيي نازىل بولغان كىشى يەنى خىزىر ئۆزى مەن بۇ ئىشنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن قىلدىم دېگەن تۇرسا، زاھىرى جەھەتتىن ئۇ ئىش شەرىئەتكە خىلاپتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەقدىر-ئىرادىسىگە ئاالاقىدار ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جايىز ياكى جايىز ئەمەسلىكى ھەققىدە تاالاش-تارتىش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، تەقدىر-ئىرادىگە ئاالاقىدار ئەھكاماالاردا قايسىبىر ئادەم كېسەل بولۇپ قالىدۇ، بىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ، يەنە بىرىنىڭ تىجارىتى ۋەيران بولىدۇ، قەۋملەرگە ئازاب كېلىدۇ. بۇ ئىشالرنىڭ بەزىسىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پەرىشتىلەر ئورۇندايدۇ، مانا بۇ ھازىرغا قەدەر ھېچكىمنىڭ نەزىرىدە شەرىئەتكە خىلاپ كۆرۈنمىگەن ئىشالردۇر. شۇنىڭدەك خىزىر ئارقىلىق يۈز بەرگەن ۋەقەلەرمۇ تەكۋىنىي يەنى تەقدىر-ئىرادىگە ئاالاقىدار ئىشالرنىڭ جۈملىسىدىندۇر، شۇڭا ئۇ ئىشالرنى شەرىئەت تارازىسىدا ئۆلچەش توغرا ئەمەس. ھازىرقىدەك ۋەھيي نازىل بولۇش ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشقان بىر ۋاقىتتا

ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ خىزىر قىلغاندەك ئىشلارنى قىلىمەن ياكى تەكۋىنىي ئىلىمنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلىپ چىقىشى ھەرگىز توغرا ئەمەس، ئۇنى قەتئىي قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. خىزىرنىڭ ۋەقەسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتى بىلەن كەلگەن بولغاچقا ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوق. ناۋادا بۈگۈنكى كۈندە كىم ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلسا ياكى تەكۋىنىي ئىلىمنى بىلىمەن دەۋا قىلسا، ئۇنى ئىنكار قىلىش كېرەك، چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر ئىشەنچلىك ۋاستە يوق.

فَأَرَدۡنَآ أَن يُبۡدِلَهُمَا رَبُّهُمَا خَيۡرٗا مِّنۡهُ زَكَوٰةٗ وَأَقۡرَبَ رُحۡمٗا ﴿٨١﴾ وَأَمَّا
ٱلۡجِدَارُ فَكَانَ لِغُلَٰمَيۡنِ يَتِيمَيۡنِ فِي ٱلۡمَدِينَةِ وَكَانَ تَحۡتَهُۥ كَنزٞ لَّهُمَا
وَكَانَ أَبُوهُمَا صَٰلِحٗا فَأَرَادَ رَبُّكَ أَن يَبۡلُغَآ أَشُدَّهُمَا وَيَسۡتَخۡرِجَا
كَنزَهُمَا رَحۡمَةٗ مِّن رَّبِّكَۚ وَمَا فَعَلۡتُهُۥ عَنۡ أَمۡرِيۚ ذَٰلِكَ تَأۡوِيلُ
مَا لَمۡ تَسۡطِع عَّلَيۡهِ صَبۡرٗا ﴿٨٢﴾ وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَن ذِي ٱلۡقَرۡنَيۡنِۖ قُلۡ
سَأَتۡلُواْ عَلَيۡكُم مِّنۡهُ ذِكۡرًا ﴿٨٣﴾

***شۇنىڭ ئۈچۈن بىز رەببىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىدىنمۇ پاك ۋە بەك كۆيۈمچان پەرزەنت ئاتا قىلىشنى ئىرادە قىلدۇق [81]. تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى. رەببىڭ (ئۇلارغا) رەھىم قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى. ئۇ ئىشلارنى (يەنى يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلمىدىم (بەلكى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)①، سەن سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇدۇر» [82]. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سەندىن زۇلقەرنەين توغرۇلۇق سورىشىدۇ②. «مەن سىلەرگە ئۇنىڭغا ئائىت قىسسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ بېرەي» دېگىن [83].***

① خىزىرنى پەيغەمبەر دەپ قارايدىغانلارنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر بولمىغان ھېچبىر كىشىگە بۇ خىل ۋەھىي كەلمىگەن ۋە غەيبىي كۆرسەتمىگە ئاساسەن بۇ قەدەر مۇھىم ئىشلارنى قىلالىغان ئەمەس. پەيغەمبەر بولمىغان ھەر قانداق بىر شەخسكە غايىبتىن خەۋەر كەلسە، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ. خىزىرنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بولغاندەك، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ھەققىدىمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى قوللايدىغانلار كۆپ كىشىلەرنىڭ خىزىر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى تېخىچە ھايات دەپ قارايدۇ. لېكىن خىزىرنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئۇچۇق شەرئىي دەلىل يوق. شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئۇنى چۈشىدە كۆرگەنلىكى ياكى ئويغاق ھالەتتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدىكى دەۋالىرىمۇ دەلىل بولۇشقا يارىمايدۇ. ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن نەقىل قىلىنمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ راستلىقىنى ئېنىقلىغىلى بولسۇن؟ ئۇنى كۆردۇق دەپ داۋا قىلغان بۇزرۇكلارنىڭ سۆزلىرىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟ كىم بىلىدۇ؟ ئۇلار خىزىرنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ كىشىلەرنى ئالدىماقچىمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەر يۈز يىلنىڭ ئاخىرىدا شۇ يۈز يىل ئىچىدە ياشىغانلار ۋاپات بولۇپ تۈگەيدۇ» دېگەن ھەدىسىگە ئاساسەن خىزىرنىڭ ئالللىقاچان ۋاپات بولغان دەپ قارىلىدۇ. (سەھىھ مۇسلىم 2537-ھەدىس) تەپسىلاتى ئۇچۇن مەزكۇر ئايەتنىڭ «روھۇلمەئانى» دېگەن كىتابتىكى تەپسىرىگە قارالسۇن.

② بۇ مۇشرىكلار سورىغان ئۈچىنچى سوئالنىڭ جاۋابى بولۇپ، ئۇلار مەزكۇر سوئاللارنى يەھۇدىيلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سورىغان ئىدى. «زۇلقەرنەيىن» دېگەن ئىككى مۈڭگۈزلۈك دېگەن مەنىدە. بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا راستتىنلا ئىككى مۈڭگۈزى بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئۇ شەرق تەرەپكە بېرىپ قۇياش چىقىدىغان جايدىن قۇياشنىڭ بىر مۈڭگۈزىنى يەنى شولىسىنى كۆرگەن ۋە غەرب تەرەپكە بېرىپ، قۇياش پاتىدىغان جايدىكى قۇياشنىڭ يەنە بىر مۈڭگۈزىنى يەنى شولىسىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن زۇلقەرنەيىن دەپ ئاتالغان. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭ بېشىدىكى چاچ ئىككى بوغما قىلىپ چىگىلگەن بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان، يەنى ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈمە چېچى بار ئىدى، دەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئىككى ئۆرۈمە چاچلىق، ئىككى مۈڭگۈزلۈك دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئىلگىرىكى مۇپەسسىرلەر ئۇنى مەشرىق ۋە مەغرىبلەرنى فەتىھ قىلغان رۇملۇق ئىسكەندەر دەپ قارىغان ئىدى. ئەمما يېقىنقى دەۋردىكى مۇپەسسىرلەر

يېڭى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئۇ پىكىرگە قوشۇلمايدۇ، خۇسۇسەن مەرھۇم مەۋلانە ئەبۇلكالام ئازاد، ئۇ كىشى بۇ ھەقتە كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات خىزمەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

1-قۇرئان كەرىمنىڭ ئوچۇق باياندا زۇلقەرنەيىن بىر ھۆكۈمران بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن.

2-ئۇ غەرب ۋە شەرق مەملىكەتلىرىنى ئىستېلا قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى يەجۇج ۋە مەجۇجلەر ياشايدىغان بىر تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ بارغان.

3-ئۇ يەجۇج-مەجۇجلەرنى توسۇپ تۇرىدىغان پۇختا بىر توسما بەرپا قىلغان.

4-ئۇ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن ئادىل كىشى ئىدى.

5-ئۇ شەخسىيەتچىلىك قىلمىغان، مال-دۇنياغا ھېرىس بولمىغان ئىدى. (ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەك ئۈچۈن تەپسىر تەرجىمانۇل قۇرئان 1-توم، 399-، 430-بەتلەرگە قارالسۇن)

إِنَّا مَكَّنَّا لَهُۥ فِى ٱلْأَرْضِ وَءَاتَيْنَٰهُ مِن كُلِّ شَىْءٍ سَبَبًا ﴿٨٤﴾ فَأَتْبَعَ سَبَبًا ﴿٨٥﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ مَغْرِبَ ٱلشَّمْسِ وَجَدَهَا تَغْرُبُ فِى عَيْنٍ حَمِئَةٍ وَوَجَدَ عِندَهَا قَوْمًا ۗ

***بىز ئۇنىڭغا زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ھەر ئىشتا مەقسەتكە يېتىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق① [84]. زۇلقەرنەيىن (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) بىر يولغا ماڭدى② [85]. ئۇ كۈنپېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننى قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى③. بۇلاقنىڭ يېنىدا ئۇ بىر قەۋمنى ئۇچراتتى.***

① ﴿سَبَبًا﴾ نىڭ ئەسلىي مەنىسى ئارغامچا دېمەكتۇر. بۇ سۆز بىر

مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن دەستەك ئورنىدا قوللىنىدىغان سەۋەب-ۋاستىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ﴿سَبَبًا﴾ نىڭ مەنىسى: بىز ئۇنىڭغا شۇنداق سەۋەب-ۋاستە ۋە قورال-ياراقلارنى بەردۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مەملىكەتلەرنى ئىستىلا قىلدى، دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، زالىم پادىشاھلارنى ھالاك قىلدى، دېگەن بولىدۇ.

② ﴿سَبَبًا﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى سەۋەب، يول، ۋاستە دېمەكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ بەرگەن ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ تېخىمۇ كۆپ ۋاستىلەرنى پەيدا قىلدى دېگەن بولىدۇ. خۇددى كىشىلەر ئاللاھ ياراتقان تۆمۈردىن ھەر خىل سايمانلارنى ۋە بىر قىسىم خام ئەشيالاردىن نۇرغۇن پايدىلىق ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ياسىغاندەك.

③ ﴿عَيۡنٍ﴾ دېگەن بۇلاق ياكى دېڭىز مەنىسىدە. ﴿حَمِئَةٍ﴾ خىچىر، دۇلدۇل مەنىسىدە، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن قارا لايلىق دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلغان. ﴿وَجَدَ﴾ تاپتى، كۆردى، ھېس قىلدى دېگەن مەنىدە. دېمەك زۇلقەرنەيىن غەربتە بىر مەملىكەتتىن كېيىن يەنە بىر مەملىكەتنى پەتھى قىلىپ يۈرۈپ، زېمىننىڭ ئەڭ چەت يېرىدە ياشايدىغان بىر قەۋمنىڭ دىيارىغا باردى. ئۇ يەردە بىر بۇلاق ياكى دېڭىز بار بولۇپ، ئاستى قارا كۆرۈنەتتى، زۇلقەرنەينگە قۇياش شۇ دېڭىزغا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك مەلۇم بولدى، يەنى قۇياش ئۇنىڭغا دېڭىزغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. دېڭىز ساھىلىغا بارغان ھەر قانداق كىشىگە قۇياش خۇددى دېڭىزغا كىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە قۇياش ئۆزىنىڭ ئاسماندىكى ئوربىتىسىدىن ئايرىلمايدۇ.

قُلۡنَا يَٰذَا ٱلۡقَرۡنَيۡنِ إِمَّآ أَن تُعَذِّبَ وَإِمَّآ أَن تَتَّخِذَ فِيهِمۡ حُسۡنٗا ٨٦
قَالَ أَمَّا مَن ظَلَمَ فَسَوۡفَ نُعَذِّبُهُۥ ثُمَّ يُرَدُّ إِلَىٰ رَبِّهِۦ فَيُعَذِّبُهُۥ
عَذَابٗا نُّكۡرٗا ٨٧ وَأَمَّا مَنۡ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَلَهُۥ جَزَآءً
ٱلۡحُسۡنَىٰۖ وَسَنَقُولُ لَهُۥ مِنۡ أَمۡرِنَا يُسۡرٗا ٨٨ ثُمَّ أَتۡبَعَ سَبَبًا ٨٩ حَتَّىٰٓ
إِذَا بَلَغَ مَطۡلِعَ ٱلشَّمۡسِ وَجَدَهَا تَطۡلُعُ عَلَىٰ قَوۡمٖ لَّمۡ نَجۡعَل لَّهُم
مِّن دُونِهَا سِتۡرٗا ٩٠ كَذَٰلِكَۖ وَقَدۡ أَحَطۡنَا بِمَا لَدَيۡهِ خُبۡرٗا ٩١

***بىز: «ئى زۇلقەرنەين! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن① » دېدۇق② [86]. زۇلقەرنەين ئېيتتى: «كىمكى (كۇفرىلىقتىن يانماي ئۆزىگە) زۇلۇم قىلسا، بىز ئۇنى جازالايمىز③، ئاندىن ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، رەببى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ [87]. ئەمما كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بار، ئۇنى ئوڭاي ئىشقا بۇيرۇيمىز» [88]. ئاندىن زۇلقەرنەين (ئاللاھ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن يەنە) بىر يولغا ماڭدى④ [89]. ئۇ كۈنچىقىش تەرەپكە بارغاندا، بىز كۈننىڭ (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان (كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق) نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىغان بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى⑤ [90]. (ئەھۋال بۇ يەردىمۇ) شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەين كۈنچىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ كۈنپېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى). بىز ئۇنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق⑥ [91].***

① يەنى بىز ئۇنىڭغا بۇ قەۋم ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەر خالىسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئەسىر ئېلىش ياكى خالىسا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىش ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش ئىختىيارىنى بەردۇق.

② ﴿قُلۡنَا﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا (ۋەھيي ئارقىلىق) دېدۇق. بۇنى بەزى مۇپەسسىرلەر زۇلقەرنەيننىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل قىلىدۇ. ئۇنى پەيغەمبەر ئەمەس دەپ قارايدىغان مۇپەسسىرلەر: بىز ئۇنىڭغا شۇ ۋاقىتتىكى پەيغەمبەر ئارقىلىق دېدۇق، دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

③ يەنى كىمكى كاپىرلىقتا ۋە مۇشرىكلىكتە داۋام قىلسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، دېمەك ھېچكىم ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىغا بىنائەن جازالانمايدۇ.

④ يەنى ئۇ ئەمدى غەربتىن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى.

⑤ يەنى ئۇ زېمىننىڭ كۈنچىقىش جايى دەپ ئاتىلىدىغان شەرقتىكى ئەڭ چەت بىر دىيارغا باردى، ئۇ يەردە ئۆي-ماكانسىز، كەڭ تۈزلەڭلىكتە ياشايدىغان، ھەتتا كىيىملىرىمۇ يوق بىر قەۋمنى كۆردى. ئۇلار بىلەن

كۈننىڭ ئارىسىدا توسالغۇ بولىدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى، يەنى ئۇلارنى كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلايدىغان ئىمارەت ۋە سايە بولىدىغان نەرسە يوق ئىدى. كۈننىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بەدەنلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

⑥ يەنى زۇلقەرنەيننىڭ ۋەقەسىنى شۇنداق بايان قىلىدۇقكى، ئۇ باشتا غەرب تەرەپتىكى ئەڭ چەت رايونغا ئاندىن شەرق تەرەپتىكى ئەڭ چەت رايونغا باردى، بىز ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى، ئىقتىدارى، قورال-ياراقلىرى ۋە بارلىق ئەسلىھەلىرىنى ئوبدان بىلەتتۇق.

ثُمَّ أَتْبَعَ سَبَبًا ﴿٩٢﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ بَيْنَ ٱلسَّدَّيْنِ وَجَدَ مِن دُونِهِمَا
قَوْمًا لَّا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ قَوْلًا ﴿٩٣﴾ قَالُوا۟ يَٰذَا ٱلْقَرْنَيْنِ إِنَّ يَأْجُوجَ
وَمَأْجُوجَ مُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ فَهَلْ نَجْعَلُ لَكَ خَرْجًا عَلَىٰٓ أَن تَجْعَلَ
بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ سَدًّا ﴿٩٤﴾ قَالَ مَا مَكَّنِّى فِيهِ رَبِّى خَيْرٌ فَأَعِينُونِى
بِقُوَّةٍ أَجْعَلْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ رَدْمًا ﴿٩٥﴾ ءَاتُونِى زُبَرَ ٱلْحَدِيدِ ۖ حَتَّىٰٓ
إِذَا سَاوَىٰ بَيْنَ ٱلصَّدَفَيْنِ قَالَ ٱنفُخُوا۟ ۖ

*ئاندىن ئۇ (ئاللاھ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن يەنە) بىر يولغا ماڭدى① [92]. زۇلقەرنەيىن ئىككى سېپىل (تاغ)② ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ ئىككى سېپىلنىڭ باغرىدا (ئۆز تىلىدىن باشقا) ھېچقانداق سۆزنى ئۇقمايدىغان بىلەن چۈشەنمەيدىغان بىر قەۋمنى ئۇچراتتى③ [93]. ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەيىن! ④ يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر⑤، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا (باجغا ئوخشاش) پۇل تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى [94]. زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «رەببىمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغانلىرى (يەنى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بەرمەكچى بولغان نەرسىلەردىن) ياخشىدۇر، ماڭا ئادەم كۈچى بىلەن ياردەم قىلىڭلار⑥، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي [95]. سىلەر ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار»، ئىككى تاغنىڭ ئارىسى (تۆمۈر پارچىلىرى*

***بىلەن توشۇپ) تەكشى بولغاندا⑦ ، زۇلقەرنەيىن: «كۆرەكلەر بىلەن پۈۋلەڭلار» دېدى.***

① يەنى ئۇ ئەمدى باشقا بىر يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدى.

② بۇ يەردىكى ئىككى سېپىلدىن بىر-بىرىگە قاراپ تۇرىدىغان ئىككى تاغ كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىدا يوچۇق بار ئىدى، شۇ يوچۇقتىن يەجۇج - مەجۇجلەر چىقىپ، بۇ يەردە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ باراتتى، ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، يۇرتنى ۋەيران قىلاتتى.

③ يەنى بۇ ئۆزىنىڭ تىلىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ تىلىنى بىلمەيدىغان بىر قەۋم ئىدى.

④ زۇلقەرنەيىن ئۇلار بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشكەن بولۇشى مۇمكىن ياكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىقتىدار ھەم ۋەسىلىلەرنى ئاتا قىلغان بولغاچقا، ھەر خىل تىللارنىمۇ بىلگەن، ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشكەن بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن.

⑤ يەجۇج ۋە مەجۇج – بۇلار ئىككى قەۋم بولۇپ، سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئۇلارمۇ ئادەم نەسلىدىندۇر. ئۇلارنىڭ سانى باشقا ئىنسانلارنىڭ سانىدىن كۆپ بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن دوزاخ توشۇپ كېتىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 6530-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 379-، 222-ھەدىس)

⑥ ﴿بِقُوَّةٍ﴾ دېگەن سىلەر ماڭا ئادەم كۈچى بىلەن ياردەم قىلىڭلار، ماڭا تۆمۈر پارچىلىرى تەييارلاپ بېرىڭلار.

⑦ ﴿بَيْنَ الصَّدَفَيْنِ﴾ ئىككى تاغنىڭ چوققىلىرى ئارىسىدىكى بوشلۇق تۆمۈر پارچىلىرى بىلەن تولدۇرۇلغاندا.

حَتَّىٰٓ إِذَا جَعَلَهُۥ نَارًا قَالَ ءَاتُونِيٓ أُفۡرِغۡ عَلَيۡهِ قِطۡرٗا ﴿٩٦﴾ فَمَا ٱسۡطَٰعُوٓاْ أَن يَظۡهَرُوهُ وَمَا ٱسۡتَطَٰعُواْ لَهُۥ نَقۡبٗا ﴿٩٧﴾ قَالَ هَٰذَا رَحۡمَةٞ مِّن رَّبِّيۖ فَإِذَا جَآءَ وَعۡدُ رَبِّي جَعَلَهُۥ دَكَّآءَۖ وَكَانَ وَعۡدُ رَبِّي حَقّٗا ﴿٩٨﴾

***تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا ئېرىتىلگەن مىسنى كەلتۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكەي» دېدى① [96]. ئۇلارنىڭ (يەنى يەجۇج بىلەن مەجۇجنىڭ) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ كۈچى يەتمەي قالدى [97]. زۇلقەرنەين: «بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى) رەببىمدىن بىر مەرھەمەتتۇر، رەببىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ②، رەببىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر» دېدى [98].***

① ﴿قِطۡرًا﴾ كۆيۈك، ئېرىتىلگەن مىس ياكى تۆمۈر، يەنى تۆمۈر پارچىلىرىنى تازا قىزىتىپ ئۇنىڭغا كۆيۈك، ئېرىتىلگەن تۆمۈر ياكى مىسنى تۆكتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى مۇستەھكەم بىر توسما يەنى پۇختا بىر تام ياسالدى. يەجۇج-مەجۇجلەرگە بۇ توسمىدىن ئۆتۈش مۇمكىن بولمىدى.

② يەنى گەرچە بۇ توسما ناھايىتى پۇختا ياسالغان بولسىمۇ، يەجۇج-مەجۇجلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ ياكى ئاستىدىن تۆشۈك ئېچىپ بۇ تەرەپكە ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما رەببىم ۋەدە قىلغان ۋاقىت كەلگەندە ئۇنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىدۇ. بۇ ۋەدە ئىشقا ئاشىدىغان ۋاقىت قىيامەت يېقىن بولغان چاغدىكى يەجۇج- مەجۇجلەرنىڭ چىقىدىغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتنىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، مۇنداق دېدى: «بۈگۈن يەجۇج- مەجۇجلەرنىڭ توسمىسىدىن مۇنچىلىك ئېچىلىپ كېتىپتۇ، دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى ھالقا قىلىپ كۆرسەتتى.» (سەھىھۇل بۇخارى 7059-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2880-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «يەجۇج-مەجۇجلەر ھەر كۈنى تاغنى تېشىش ئۈچۈن كولايدۇ، تېشىلىشكە ئاز قالغاندا ئۇلارنىڭ باشلىقى: قالغىنىنى ئەتە قىلايلى، دەيدۇ، ئەتىسى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەسلىدىكى ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇلارنىڭ چىقىدىغان ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار ئاللاھ خالىسا ئەتە تېشىپ چىقىمىز، دەيدۇ، ئەتىسى ئۇلار تاغنى تېشىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ، ئۇلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، كىشىلەر قەلئەلەرگە كىرىۋالىدۇ، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ ئاسمانغا نەيزىلىرىنى ئاتىدۇ، نەيزىلەر قانغا بويالغان ھالدا چۈشىدۇ، ئاخىرى ئاللاھ تائالا

ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىدە قۇرۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولىدۇ». (مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 511-بەت، سۈنەنى تىرمىزى 3153-ھەدىس، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى ئالبانى 1735-ھەدىس) يەنە سەھىھ مۇسلىمدە نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە يەجۇج-مەجۇجلەرنىڭ چىقىشى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشۈپ، دەججالنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. (سەھىھ مۇسلىم 2937-ھەدىس) بۇ ھەدىس، تارىختىكى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغان موڭغۇللارنى ياكى تۈركلەر ۋە موڭغۇللاردىن تەركىپ تاپقان چىڭگىزخان قوشۇنىنى ياكى چىن ۋە روس قەۋملىرىنى يەجۇج-مەجۇجلەردىن ساناپ، ئۇلارنى ۋۇجۇدقا چىقىپ بولدى دەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرگە رەددىيە بولالايدۇ. يەنە ھازىر دۇنيادا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ تۇرغان غەربلىكلەر يەجۇج-مەجۇجلەر دەپ قارايدىغانلارغىمۇ رەددىيە بولىدۇ. بۇنداق قاراش پۈتۈنلەي خاتادۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ غەلىبىسىدىن سىياسىي غەلىبە مەقسەت قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئۆلتۈرۈش، قىرغىنچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن ئىبارەت ۋاقتلىق غەلىبە مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلاردا يەجۇج-مەجۇجلەرگە تاقابىل تۇرغىدەك كۈچ بولمايدۇ. ئاقىۋەتتە يەجۇج-مەجۇجلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇت ۋاباسى بىلەن بىر ۋاقىتتىلا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

۞ وَتَرَكۡنَا بَعۡضَهُمۡ يَوۡمَئِذٖ يَمُوجُ فِي بَعۡضٖۖ وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِ
فَجَمَعۡنَٰهُمۡ جَمۡعٗا ﴿٩٩﴾ وَعَرَضۡنَا جَهَنَّمَ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡكَٰفِرِينَ عَرۡضًا ﴿١٠٠﴾
ٱلَّذِينَ كَانَتۡ أَعۡيُنُهُمۡ فِي غِطَآءٍ عَن ذِكۡرِي وَكَانُواْ لَا يَسۡتَطِيعُونَ
سَمۡعًا ﴿١٠١﴾ أَفَحَسِبَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن يَتَّخِذُواْ عِبَادِي مِن دُونِيٓ
أَوۡلِيَآءَۚ إِنَّآ أَعۡتَدۡنَا جَهَنَّمَ لِلۡكَٰفِرِينَ نُزُلٗا ﴿١٠٢﴾ قُلۡ هَلۡ نُنَبِّئُكُم
بِٱلۡأَخۡسَرِينَ أَعۡمَٰلًا ﴿١٠٣﴾ ٱلَّذِينَ ضَلَّ سَعۡيُهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَهُمۡ
يَحۡسَبُونَ أَنَّهُمۡ يُحۡسِنُونَ صُنۡعًا ﴿١٠٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ
رَبِّهِمۡ وَلِقَآئِهِۦ فَحَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ

***ئۇ كۈنــدە (يەنــى ۋەدىمــز ئىشــقا ئاشــقان قىيامــەت كۈنــدە) ئىنســانلارنى بىــر ـ بىرىگــە گىرەلەشــكەن ھالــدا تــەرك ئېتىمــز، سـۇر چېلىنــدۇ، (ئانــدىن) ئۇلارنــى (ھېسـاب مەيدانىغــا) يىغىمــز [99]. ئـۇ كۈنــدە جەھەننەمنــى كاپىرلارنــڭ ئالدىغــا كەلتۈرىمــز [100]. ئۇلارنــڭ كۆزلــرى (دۇنيادىكــى چاغــدا) مېنــى يادىغــا سـالدىغان دەلىللەرنــى كۆرۈشــتىن پەردىلەنگــەن ئىــدى، ئــۇلار (ھــەق دىنىنــڭ دەۋىتىنــى) ئاڭلاشــقا تاقــەت قىلالمايتتــى [101]. كاپــرلار مېنــى قويــۇپ بەندىلىرىمنــى مەبــۇد قىلىۋېلىشــنى توغــرا دەپ ئويلامــدۇ؟ شەكســزكى، بىــز جەھەننەمنــى كاپــرلار ئۈچــۈن (چۈشــدىغان) مەنزىلــگاھ قىلىــپ تەييارلىــدۇق① [102]. (ئــى پەيغەمبــەر!) ئېيتقىنكــى، «ســلەرگە (قىلغــان) ئەمەللىرىــدە ئــەڭ كــۆپ زىيــان تارتىدىغانلارنــى ئېيتىــپ بېرەيلىمــۇ؟ [103]. ئــۇلار دۇنيــا ھاياتىــدا قىلغــان ئەمەللــرى يوققــا چىققــان، ئەممــا ئۆزلــرى ئوبــدان ئــش قىلــدۇق دەپ ئويلىغــان ئادەملــەردۇر② [104]. ئەنــە شــۇلار رەببىنىــڭ ئايەتلىرىنــى ۋە ئۇنىڭغــا مۇلاقــات بولۇشــنى ئىنــكار قىلغــان③، نەتىجىــدە قىلغــان ئەمەللــرى بىكار بولــۇپ كەتكەن كىشلەردۇر»،***

① ﴿حَسِبَ﴾ " ظَنَّ " گۇمــان قىلــدى، ئويلىــدى دېگــەن مەنىــدە. ﴿عِبَادِيْ﴾ «بەندىلىرىمنــى» دېگەنــدىن كىشــلەر ھاجىتىمىزنــى راۋا قىلغۇچــى ۋە مۇشــكۇللىرىمىزنى ئاســان قىلغۇچــى دەپ ئويــلاپ چوقۇنــدىغان پەرىشــتىلەر، مەســىھ ئەلەيھىســسالام ۋە باشــقا ســالىھ بەندىلــەر كــۆزدە تۇتۇلــدۇ، يەنــە بۇلارنىــڭ ئىچىگــە كىشــلەر چوقۇنــدىغان جىن-شــەيتانلارمۇ كىرىــدۇ. بــۇ يــەردە ســوئال ئاگاھلانــدۇرۇش ۋە ئەيىبلــەش ئۈچــۈن كەلگــەن، يەنــى ئاللاھتــىن غەيرىيگــە چوقۇنغۇچــىلار مېنــى قويــۇپ، مېنىــڭ بەندىلىرىمگــە ئىبــادەت قىلىــش ئارقىلىــق ئۇلارنىــڭ ھىمايىســىدە مېنىــڭ ئازابىمدىــن قۇتۇلىمــز دەپ ئويلامــدۇ؟ يــاق، بــۇ مۇمكىــن ئەمــەس، بىــز ئۇنــداق كاپىرلارغــا جەھەننەمنــى تەييــارلاپ قويــدۇق، ئــۇلار چوقۇنغــان ۋە ھىمايىچىمــز دەپ ئويلىغــان بەندىلــەر ئۇلارنى جەھەننەمدىن قوغداپ قالالمايدۇ.

② يەنــى ئــۇلار ئەمەللــرى ئاللاھقــا يارىمىغــان، ئەممــا ئــۇلار ئــۆز خاھىشــى بويىچــە، بىــز ناھايىتــى ئوبــدان ئــش قىلــدۇق، دەپ ئويلىغــان كىشــلەردۇر. بــۇلار زادى كىملــەر؟ بــەزى مۇپەسســرلەرنىڭ قارىشــچە، ئــۇلار يەھۇدىــلار ۋە خرىســتىئانلاردۇر. بــەزى مۇپەسســرلەر: ئــۇلار خەۋارىجــلار ۋە بىدئەتچىلــەر،

دەپ قارايدۇ، بەزىلەر: ئۇلار مۇشرىكلار، دەيدۇ. توغرىسى شۇكى، بۇ ئايەت مەزكۇر سۈپەت تېپىلىدىغان ھەر قانداق شەخس ۋە گۇرۇھقا ئومۇميدۇر. تۆۋەندە ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە تېخىمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ.

③ «رەببىنىڭ ئايەتلىرى» دېگەندىن كائىناتقا يېيىلغان ئاللاھنىڭ بىر ۋە بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلىرى، دەلىل-پاكىتلىرى ۋە ئۆزىنىڭ كىتابلىرىدا نازىل قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەر كىشىلەرگە يەتكۈزگەن ئىلاھىي قانۇن ۋە شەرىئەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان» دېگەن ئاخىرەت ھاياتىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان دېمەكتۇر.

فَلَا نُقِيمُ لَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَزۡنٗا ﴿١٠٥﴾ ذَٰلِكَ جَزَآؤُهُمۡ جَهَنَّمُ بِمَا
كَفَرُواْ وَٱتَّخَذُوٓاْ ءَايَٰتِي وَرُسُلِي هُزُوًا ﴿١٠٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ كَانَتۡ لَهُمۡ جَنَّٰتُ ٱلۡفِرۡدَوۡسِ نُزُلًا ﴿١٠٧﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا
يَبۡغُونَ عَنۡهَا حِوَلٗا ﴿١٠٨﴾ قُل لَّوۡ كَانَ ٱلۡبَحۡرُ مِدَادٗا لِّكَلِمَٰتِ رَبِّي لَنَفِدَ
ٱلۡبَحۡرُ قَبۡلَ أَن تَنفَدَ كَلِمَٰتُ رَبِّي وَلَوۡ جِئۡنَا بِمِثۡلِهِۦ مَدَدٗا ﴿١٠٩﴾

***قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى شۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز① [105]. كاپىر بولغانلىقى، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە پەيغەمبەرلىرىمنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر [106]. شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ② [107]. ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ③ [108]. ئېيتقىنكى، «رەببىمنىڭ سۆزلىرىنى④ يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىياھ بولغان، بىز يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى) سىياھ قىلىپ كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، رەببىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كېتىدۇ» [109].***

① يەنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق قەدىر-قىممىتى

بولمايدۇ ياكى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى مىزانغا سېلىپ ئۆلتۈرمايمىز، چۈنكى مىزانغا ئەھلى تەۋھىد كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى سېلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ نامە-ئەمالىدا ياخشىلىقمۇ ۋە يامانلىقمۇ بولىدۇ. ئەمما قىلغان ئەمەللىرىدە ئەڭ كۆپ زىيان تارتىدىغانلارنىڭ نامە-ئەمالىدا ياخشىلىقتىن ھېچنەرسە بولمايدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى قاۋۇل، سېمىز بىر ئادەم كېلىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئاللاھ ھۇزۇرىدا پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ ۋەزنى بولمايدۇ» دېدى، ئاندىن بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4729-ھەدىس)

② فىردەۋس جەننەتلىرى جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئالىيسىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاللاھ تائالادىن سورىساڭلار، فىردەۋسنى سوراڭلار. چۈنكى، فىردەۋس جەننىتى جەننەتنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر ۋە ئەڭ ئېسىلىدۇر، جەننەتلەرنىڭ ئۈستەڭلىرى فىردەۋس جەننىتىدىن ئېتىلىپ (ئېقىپ) چىقىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 7423-ھەدىس)

③ يەنى جەننەت ئەھلى جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن زېرىكىپ قالمايدۇ، ئۇ يەردىن باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىشنىمۇ خالىمايدۇ.

④ ﴿كَلِمَٰتِ﴾ دېگەندىن ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىم-ھېكمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بىر ۋە بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر، دەلىل-پاكىتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىنى بىلىشكە ئىنسانلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادىكى دەرەخلەر قەلەم بولسىمۇ، بارلىق دېڭىزلارنىڭ سۈيى ۋە يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيى قەلەمگە سىياھ بولۇپ بەرسىمۇ، بۇلار يېزىلىپ بولماي تۇرۇپ، دېڭىز سۈيى چوقۇم تۈگەپ كېتىدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ۋە ھېكمەتلىرىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ كالامى خۇددى ئاللاھنىڭ ئىلمىدەك چەكسىزدۇر. بۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكىگە كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر.

قُلْ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَىٰٓ إِلَىَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ ۖ
فَمَن كَانَ يَرْجُوا۟ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَٰلِحًا وَلَا يُشْرِكْ

بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدَۢا ﴿١١٠﴾

*«ئى پەيغەمبەر! (ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن①. ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يېگانە بىر ئىلاھتۇر②، كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن③. رەببىگە قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن» [110].*

① مەنمۇ ئىنسان بولغانلىقىم ئۈچۈن رەببىمنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىنى بىلىپ بولالمايمەن.

② ئەمما ماڭا بېرىلگەن ئىمتىياز ۋە سالاھىيەت شۇكى، ئاللاھ ماڭا ۋەھيي نازىل قىلدى، ۋەھيي ئارقىلىق ماڭا غارغا كىرىۋالغان يىگىتلەرنىڭ قىسسىسىنى ۋە زۇلقەرنەيننىڭ قىسسىسىنى بىلدۈردى، مەن شۇ ۋەھيىگە ئاساسەن سىلەرگە يىراق ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىنلىقتىن ئەپسانىگە ئايلىنىپ قىلىشقا تاس قالغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدىم. ماڭا نازىل قىلىنغان ئەڭ مۇھىم ۋەھيي شۇكى، سىلەر ھەممىڭلارنىڭ مەبۇدى پەقەت بىر ئاللاھتۇر.

③ «ياخشى ئىش قىلسۇن» دېگەن سۈننەتكە ئۇيغۇن ئەمەل قىلسۇن دېمەكتۇر. يەنى رەببىگە مۇلاقات بولۇشقا جەزمەن ئىشەنگەن كىشى ھەر ئەمەلنى سۈننەتكە ئۇيغۇن قىلىشى ۋە ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلماسلىقى لازىم، چۈنكى شېرىك ۋە بىدئەتلەر ياخشى ئەمەللەرنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ھەر ئىككىسىدىن ساقلىسۇن.

★ مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىئوپىيە)غا ھىجرەت قىلغانلىقىغا ئائىت قىسسىدە جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرىگە ئوقۇپ بەرگەندە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ئىدى،

شۇ چاغدا نەجاشى: قۇرئان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسە ھەر ئىككىسى بىر مەنبەدىن كەلگەن، دېگەن ئىدى. (فەتھۇلقەدىر)

# سۈرە مەريەم

| (١٩) سورة مريم مكية ٩٨ آية | (19) سۈرە مەريەم مەككىدە چۈشكەن 98 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

كٓهيعٓصٓ ﴿١﴾ ذِكْرُ رَحْمَتِ رَبِّكَ عَبْدَهُۥ زَكَرِيَّآ ﴿٢﴾

***كاف، ھا، يا، ئەين، ساد [1]. بۇ، رەببىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىيياغا① قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر [2].***

① زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىكى كاتتا بىر پەيغەمبەردۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ياغاچچى ئىدى. ئۇ ياغاچچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى». (سەھىھ مۇسلىم 2379ـ ھەدىس)

إِذۡ نَادَىٰ رَبَّهُۥ نِدَآءً خَفِيًّا ﴿٣﴾ قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ ٱلۡعَظۡمُ مِنِّي
وَٱشۡتَعَلَ ٱلرَّأۡسُ شَيۡبًا وَلَمۡ أَكُنۢ بِدُعَآئِكَ رَبِّ شَقِيًّا ﴿٤﴾ وَإِنِّي
خِفۡتُ ٱلۡمَوَٰلِيَ مِن وَرَآءِي وَكَانَتِ ٱمۡرَأَتِي عَاقِرًا فَهَبۡ لِي مِن

لَّدُنكَ وَلِيًّا ﴿٥﴾ يَرِثُنِي وَيَرِثُ مِنْ ءَالِ يَعْقُوبَ ۖ وَٱجْعَلْهُ رَبِّ
رَضِيًّا ﴿٦﴾ يَٰزَكَرِيَّآ إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَٰمٍ ٱسْمُهُۥ يَحْيَىٰ لَمْ نَجْعَل لَّهُۥ
مِن قَبْلُ سَمِيًّا ﴿٧﴾

***ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى① [3]. ئۇ ئېيتتى: «ئى رەببىم! سۆڭەكلىرىم بوششىپ كەتتى، چېچىم ئاقىرىپ كەتتى②. ئى رەببىم! ساڭا دۇئا قىلىپ، مەھرۇم (ئۈمىدسىز) بولۇپ قالغىنىم يوق③ [4]. مەندىن كېيىن تۇغقانلىرىمنىڭ ئورنۇمنى باسالماي قېلىشىدىن (يەنى دىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇشىدىن) راستتىنلا ئەنسىرەيمەن④، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر، شۇڭا، سەن ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن ماڭا ۋارىس بولىدىغان، يەئقۇب ئەۋلادىغىمۇ ۋارىس بولىدىغان بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن⑤ [4 - 5]. ئى رەببىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان (بەندە) قىلغىن» [6]. (ئاللاھ ئېيتتى) «ئى زەكەرىييا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسمداش قىلمىغان ئىدۇق»⑥ [7].***

① پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىشنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن: ئاللاھ تائالا پەس ئاۋازدا قىلىنغان دۇئانى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا بويسۇنۇش، كەچۈرۈم سوراش، يېلىنىش، يالۋۇرۇش تولۇق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىككىنچىدىن: كىشىلەرنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: پەرزەنت كۆرۈش ئىمكانىيىتىدىن قالغان تۇرۇپ، قېرىغاندا پەرزەنت تەلەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

② خۇددى ئوتۇن ئوتىنىڭ يالقۇنىنى ئۇلغايتقاندەك ئاق چاچلار بېشىمنى قاپلىدى، يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىپ، ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى مۇشۇنداق ئىزھار قىلدى.

③ شۇڭا زاھىرىي سەۋەبلەر قالمىغان بولسىمۇ، سەندىن پەرزەنت تىلەۋاتىمەن.

④ يەنى ئەگەر مېنىڭ ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان بىر ۋارىسىم كىشىلەرگە

يولباشچى بولۇپ، ۋەز-نەسىھەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمىسا، تۇغقانلىرىمنىڭ ئىچىدە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ھېچكىم يوق. ۋارىسىم بولمىسا، تۇغقانلىرىمنىڭ سېنىڭ يولۇڭدىن يىراقلاپ كېتىشى مۇمكىن.

⑤ «ئۆز پەزلىڭدىن» دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، زاھىرىي سەۋەبلەر قالمىدى، شۇنداقتىمۇ، ئۆزۈڭنىڭ خاس پەزلى-مەرھەمىتىڭدىن ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن.

⑥ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن يەنە بالىغا قويۇلىدىغان ئىسمىنىمۇ بەلگىلەپ بەردى.

قَالَ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٞ وَكَانَتِ ٱمۡرَأَتِي عَاقِرٗا وَقَدۡ بَلَغۡتُ مِنَ
ٱلۡكِبَرِ عِتِيّٗا ٨ قَالَ كَذَٰلِكَ قَالَ رَبُّكَ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٞ وَقَدۡ خَلَقۡتُكَ
مِن قَبۡلُ وَلَمۡ تَكُ شَيۡـٔٗا ٩ قَالَ رَبِّ ٱجۡعَل لِّيٓ ءَايَةٗۖ قَالَ ءَايَتُكَ
أَلَّا تُكَلِّمَ ٱلنَّاسَ ثَلَٰثَ لَيَالٖ سَوِيّٗا ١٠ فَخَرَجَ عَلَىٰ قَوۡمِهِۦ مِنَ
ٱلۡمِحۡرَابِ فَأَوۡحَىٰٓ إِلَيۡهِمۡ أَن سَبِّحُواْ

***زەكەرىييا ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەنمۇ قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولىدۇ؟»① [8]. (نىدا قىلغان پەرىشتە) ئېيتتى: «ئۇغۇ شۇنداق، (ئەمما) رەببىڭ ئېيتتىكى: بۇ مەن ئۈچۈن ئاساندۇر، سەنمۇ بۇرۇن يوق ئىدىڭ، سېنى مەن ياراتتىم (يەنى سېنى يوقتىن بار قىلغانىدەك، يەھيانى ئىككىڭلاردىن تۆرەلدۈرۈشكە قادىرمەن)»② [9]. زەكەرىييا ئېيتتى: «ئى رەببىم! (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) ماڭا بىرەر بەلگە بەرسەڭ». ئاللاھ ئېيتتى: «ساڭا بېرىلىدىغان بەلگە (شۇكى)، ساق تۇرۇپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز كىشىلەرگە گەپ قىلالمايسەن»③ [10]. زەكەرىييا نامازگاھىدىن④ قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ،***

① ﴿عَاقِـرًا﴾ ياشىنىپ قالغانلىقتىن بـالا تۇغۇشـتىن قالغـان ئايالنـى كۆرسـىتىدۇ يەنـە ئۇمـۇر بويـى تۇغمىغـان تۇغمـاس ئايالغىمـۇ ئىشـلىتىلىدۇ، بـۇ يـەردە ئىككىنچـى مەنىسـى ئېلىنغـان، چۈنكـى ﴿كَانَـت﴾ دېگـەن ئۆتكـەن زامانـدا باشـلىنىپ داۋاملىشـىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتنـى بىلدۈرىـدۇ. ﴿عِتِيًّـا﴾ بـەك قېرىـپ كەتكەنلىكتـىن سـۆڭەك قـۇرۇپ، چۈرۈكلىشـىپ كەتكـەن دېگـەن مەنـىدە، يەنـى ئىنسـان قېرىلىقنىـڭ ئاخىرقـى چېكىگـە يەتكەنـدە سـۆڭەكلىرى بوشىشـىپ كېتىـدۇ. دېمـەك ئايالـىم يـاش ۋاقتىدىـن تارتىـپ تۇغمـاس، مـەن بولسـام بـەكلا قېرىـپ كەتتـىم، بۇنـداق ئەھۋالـدا پەرزەنتلىـك بولـۇش قانـداق مۇمكىـن بولىـدۇ؟ ئېيتىلىشـىچە زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىـڭ ئايالىنىـڭ ئىسـمى ئەشائە بىنتـى فاقـۇد ئىبنى مىيـل بولۇپ، ئۇ مەريەمنىـڭ ئانىسـى ھىننـە بىنتـى فاقۇدنىـڭ ھەمشـىرىسـى ئىدى، بۇنىڭغا ئاساسـەن يەھيـا ئەلەيھىسسـالام مەريەمنىـڭ ھامىسـىنىڭ بالىسـى بولـۇپ قالىـدۇ، ئەممـا ئـەڭ توغـرا رىۋايـەت قۇتەيبىينىـڭ سـۆزى بولـۇپ، ئـۇ مۇنـداق دەيدۇ: ئەشـائەمۇ مەريەمنىـڭ ئانىسـى ئىمرانىنىـڭ قىـزى ئىـدى، دېمـەك يەھيـا ئەلەيھىسسـالام بىلـەن ئىيسـا ئەلەيھىسسـالام ئىككـى ئاچا-سىڭىلنىڭ بالىلىـرى، يەنـى بىـر نـەۋرە قېرىنداشـلاردۇر. سـەھىھ ھەدىـس بۇنىـڭ توغرىلىقنـى ئىسپاتلايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② پەرىشـتىلەر زەكەرىييـا ئەلەيھىسسـالامدىكى تەئەججۇپلىنىشـنى يوقىتىـش ئۈچـۈن دېدىكـى، ئاللاھ تائـالا سـاڭا بىـر ئوغـۇل پەرزەنـت ئاتـا قىلىشـنى قـارار قىلـدى، ئەمـدى سـاڭا چوقـۇم بىـر ئوغـۇل بېرىلىـدۇ، شەكسـىزكى، بـۇ ئىـش ئاللاھ تائالاغـا مۇشـكۇل ئەمـەس. چۈنكـى، ئـۇ سېنى ئىلگىـرى يوقتىـن بـار قىلغانـدەك زاھىرىـي سـەۋەبلەر بولمىسـىمۇ، ئوغـۇل بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر، دېدى.

③ ﴿ثَلٰثَ لَيَـالٍ﴾ «ئـۈچ كېچـە» دېگەنـدە ئـۈچ كېچە-كۈندۈز كـۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكـى سـۈرە ئـال ئىمرانىنىـڭ 41-ئايىتىـدە ﴿ثَلٰثَـةَ أَيَّـامٍ﴾ «ئـۈچ كـۈن» دېيىلگـەن ﴿سَـوِيًّا﴾ تېنىـڭ سـاغلام تۇرۇپمـۇ، يەنـى ھېچقانـداق كېسـەل ئەمـەس تۇرۇپمـۇ تىلىـڭ گـەپ قىلىشـتىن توختـاپ قالىـدۇ. كېسـەل بولماي تۇرۇپمـۇ تىلىڭدىـن گـەپ چىقمىغانلىقنـى بېشـارەتنىڭ يېقىنلاشـقانلىقى دەپ چۈشەنسەڭ بولىدۇ.

④ ﴿الْمِحْـرَابِ﴾ «نامـازگاھ» بىـر ھۇجـرا بولـۇپ، ئۇنىڭـدا زەكەرىييـا ئەلەيھىسسـالام ئىبـادەت قىلاتتـى، بـۇ سـۆز «حَـرْبٌ »دىـن تۈرلىنىـپ چىققـان

بولۇپ، مەنىسى ئۇرۇش دېمەكتۇر. ﴿الْمِحْرَابِ﴾ مېھراب دېگەن ماكان ئىسمى بولۇپ، ئۇرۇش قىلىدىغان جاي دېگەن مەنىدە، يەنى نامازگاھتا تۇرۇپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش خۇددى ئۇ يەردە شەيتان بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندەك بىر ئىشتۇر.

بُكۡرَةً وَعَشِيًّا ﴿١١﴾ يَٰيَحۡيَىٰ خُذِ ٱلۡكِتَٰبَ بِقُوَّةٖۖ وَءَاتَيۡنَٰهُ ٱلۡحُكۡمَ صَبِيّٗا ﴿١٢﴾ وَحَنَانٗا مِّن لَّدُنَّا وَزَكَوٰةٗۖ وَكَانَ تَقِيّٗا ﴿١٣﴾ وَبَرَّۢا بِوَٰلِدَيۡهِ وَلَمۡ يَكُن جَبَّارًا عَصِيّٗا ﴿١٤﴾ وَسَلَٰمٌ عَلَيۡهِ يَوۡمَ وُلِدَ وَيَوۡمَ يَمُوتُ وَيَوۡمَ يُبۡعَثُ حَيّٗا ﴿١٥﴾

***ئۇلارغا ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار دەپ ئىشارەت قىلدى① [11]. (يەھيا تۇغۇلۇپ سۆزنى چۈشىنىدىغان ياشقا كەلگەندە ئۇنىڭغا) «ئى يەھيا! كىتابقا② (يەنى تەۋراتقا) چىڭ ئېسىلغىن» (دېدۇق). ئۇنىڭغا باللىق چېغىدىلا ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلدۇق③ [12]. بىز ئۇنىڭغا دەرگاھىمىزدىن مېھرىبانلىق ۋە پاكلىق ئاتا قىلدۇق④، ئۇ تەقۋادار ئىدى [13]. ئۇ ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈمچان ئىدى، ئۇ مۇتەكەببىر (يەنى ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقۇچى) ۋە (پەرۋەردىگارىغا) ئاسىيلىق قىلغۇچى ئەمەس ئىدى⑤ [14]. ئۇ تۇغۇلغان كۈنىدە، ۋاپات بولغان كۈنىدە، تىرىلىپ (قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈنىدە (ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىدۇ⑥ [15].***

① ئەتىگەن-ئاخشام دېگەندىن بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى مۇشۇ ئىككى ۋاقىتتا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ۋە تەسبىھ ئېيتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىڭلار دېمەكتۇر.

② ئاللاھ تائالا زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامغا يەھيا ئەلەيھىسسالامنى ئاتا قىلدى، يەھيا ئەلەيھىسسالام ئازراق چوڭ بولغاندا، گەرچە ئۇ كىچىك بالا بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى كىتابنى چىڭ تۇتۇشقا يەنى ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ يەردىكى كىتابتىن تەۋرات مەقسەت

قىلىنغانلىقىغا مۇپەسسىرلەر بىرلىككە كەلگەن.

③ ﴿الْحُكْمَ﴾ دېگەندىن دانالىق، ئەقىل-ئىدراك، ئىلىم بىلەن بىرلەشكەن ئەمەل، كىتابتىكى دىنىي ئەھكاملارنى چۈشىنەلەيدىغان ئىقتىدار ياكى پەيغەمبەرلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى ﴿الْحُكْمَ﴾ مەنىسىگە مەزكۇر ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ، بۇنىڭغا ھېچ توسالغۇ يوقتۇر.

④ ﴿حَنَانًا﴾ شەپقەت، مېھرىبانلىق دېمەكتۇر. يەنى بىز ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا مېھىر-شەپقەت قىلىدىغان كۆيۈمچانلىق ئاتا قىلدۇق، يەنە ئۇنىڭ نەپسىنى يامان خاھىش ۋە گۇناھلاردىن پاك قىلدۇق.

⑤ يەنى يەھيا ئەلەيھىسسالام رەببىگە ۋە ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنىدىغان ئىتائەتمەن ئوغۇل ئىدى. دېمەك ئاللاھ تائالا كىمنىڭ قەلبىگە ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنىدىغان، ياخشىلىق قىلىدىغان، مېھىر-شەپقەت قىلىدىغان ۋە خىزمىتىدە بولىدىغان روھ ۋە قىزغىنلىق ئاتا قىلغان بولسا، ئاللاھنىڭ خۇسۇسىي پەزلى-كەرىمىگە نائىل بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە كىمدە ئۇنداق روھ ۋە قىزغىنلىق بولمىسا، بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى-كەرىمىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

⑥ ئىنسان ئۈچ ئورۇندا قاتتىق قورقىدۇ: بىرىنچىسى، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىققان چاغدا شەيتان ئۇنى نوقۇپ قويغانلىقتىن قورقىدۇ. ئىككىنچىسى، سەكراتقا چۈشكەندە، ئۆلۈم ئۇنى ئوراپ ئالغاندا قورقىدۇ. ئۈچىنچىسى، تىرىلىپ قەبرىدىن چىقىرىلغان كۈنى مەھشەرگاھنىڭ دەھشىتىدىن قورقىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ئۈچ ئورۇندا ئامانلىققا ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بەزى بىدئەتچىلەر بۇ ئايەتتىكى «تۇغۇلغان كۈنىدە» دېگەن ئىبارىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەشنى جايىز دەپ قارايدۇ، ئۇنداق بولسا ۋاپات بولغان كۈنىنىمۇ «ۋاپات كۈنى» دەپ خاتىرىلەش زۆرۈر بولۇپ قالامدۇ؟ چۈنكى ئايەتتە ﴿سَلَٰمٌ عَلَيۡهِ يَوۡمَ وُلِدَ﴾ يەنى «تۇغۇلغان كۈنىدە ئامانلىققا ئېرىشىدۇ» دېيىلگەن بولسا، «ۋاپات بولغان كۈنىدىمۇ ئامانلىققا ئېرىشىدۇ» دەپ كەلگەن. ئەگەر ﴿سَلَٰمٌ عَلَيۡهِ يَوۡمَ وُلِدَ﴾ دېگەن ئىبارىدىن تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش جايىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆلگەن كۈنىنىمۇ «ۋاپات

كۈنى» دەپ خاتىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەپسۇسكى، بۇ خىل قاراشتىكى پىرقىلەر ئەزەلدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان بولغاچقا، ئۆلگەن كۈننى خاتىرىلەشكە قايىل بولمايدۇ، بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىقى قۇرئاننىڭ ئايىتىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىل كەلتۈرۈش ئۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇلار ئايەتنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۆزلىرى تۇتقان يولغا زىت كەلگەن ئايەتنىڭ يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىدۇ. ﴿سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟﴾. (سۈرە بەقەرە 85-ئايەت)

وَٱذْكُرْ فِى ٱلْكِتَٰبِ مَرْيَمَ إِذِ ٱنتَبَذَتْ مِنْ أَهْلِهَا مَكَانًا شَرْقِيًّا ﴿١٦﴾
فَٱتَّخَذَتْ مِن دُونِهِمْ حِجَابًا فَأَرْسَلْنَآ إِلَيْهَا رُوحَنَا فَتَمَثَّلَ لَهَا
بَشَرًا سَوِيًّا ﴿١٧﴾ قَالَتْ إِنِّىٓ أَعُوذُ بِٱلرَّحْمَٰنِ مِنكَ إِن كُنتَ تَقِيًّا ﴿١٨﴾
قَالَ إِنَّمَآ أَنَا۠ رَسُولُ رَبِّكِ لِأَهَبَ لَكِ غُلَٰمًا زَكِيًّا ﴿١٩﴾ قَالَتْ أَنَّىٰ
يَكُونُ لِى غُلَٰمٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِى بَشَرٌ وَلَمْ أَكُ بَغِيًّا ﴿٢٠﴾

*(ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى مەريەم (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا كەتكەن ئىدى① [16]. مەريەم ئۇلار (يەنى ئۆزى بىلەن ئائىلىسى ۋە باشقىلار) ئارىسىدا پەردە تۇتتى (يەنى كۆرۈنمەيدىغان بولدى)، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىز(جىبرىل)نى ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بېجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى② [17]. مەريەم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا سېغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)» [18]. جىبرىل ئېيتتى: «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن رەببىڭنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن» [19]. مەريەم ئېيتتى: «ماڭا ھېچبىر ئادەم يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن ئېپپەتسىز ساقالاپ كەلگەن تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ؟» [20].*

① ئۇنىڭ كىشىلەردىن ئايرىلىپ، پەردە تارتىپ تۇرۇشى ئايرىم ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئۆزىنىڭ ئىبادىتىنى باشقىلار كۆرمىسۇن دەپ يالغۇز قىلماقچى ئىدى. ئۇ كەتكەن جاي بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر جاي ئىدى.

② ﴿رُوحَنَا﴾ «روھىمىز» دېگەندىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ بىجىرىم بىر ئىنسان سۈرىتىدە مەريەم تەرەپكە ئەۋەتىلگەن ئىدى، مەريەم ئۆزى يالغۇز تۇرىۋاتقان بىر ئورۇندا يات بىر ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە، يامان نىيەتلىك ئادەممىدۇ، دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام دېدى: مەن رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، مەن ساڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم، ئاللاھ ساڭا بىر پاك ئوغۇل ئاتا قىلىدۇ. زاھىرىي سەۋەب يۈزىسىدىن جىبرىل ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا پۈۋلىۋىدى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىدا ھامىلە پەيدا بولدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن» دېگەن سۆزىدە بېرىشنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلدى. ياكى بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ، ئېيتىپ بېرىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ يەردىكى بار دەپ مۆلچەرلەنگەن ئىبارە مۇنداق بولىدۇ: «أَرْسَلَنِيْ، يَقُوْلُ لَكِ أَرْسَلْتُ رَسُوْلِيْ إِلَيْكِ لِأَهَبَ لَكِ» مەنىسى: ئاللاھ تائالا مېنى ساڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى ۋە دېدىكى: مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتىم. (ئەيسەر تەپاسىر) بۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارىنىڭ بىر قىسمى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان ۋە ئۇنى بار دەپ تۇرۇپ مەنە ئېيتىلغان ئەھۋاللار قۇرئان كەرىمدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

قَالَ كَذَٰلِكِ قَالَ رَبُّكِ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٌ ۖ وَلِنَجْعَلَهُۥٓ ءَايَةً لِّلنَّاسِ
وَرَحْمَةً مِّنَّا ۚ وَكَانَ أَمْرًا مَّقْضِيًّا ﴿٢١﴾ ۞ فَحَمَلَتْهُ فَٱنتَبَذَتْ بِهِۦ مَكَانًا
قَصِيًّا ﴿٢٢﴾ فَأَجَآءَهَا ٱلْمَخَاضُ إِلَىٰ جِذْعِ ٱلنَّخْلَةِ قَالَتْ يَٰلَيْتَنِى
مِتُّ قَبْلَ هَٰذَا وَكُنتُ نَسْيًا مَّنسِيًّا ﴿٢٣﴾ فَنَادَىٰهَا مِن تَحْتِهَآ أَلَّا
تَحْزَنِى قَدْ جَعَلَ رَبُّكِ تَحْتَكِ سَرِيًّا ﴿٢٤﴾ وَهُزِّىٓ إِلَيْكِ بِجِذْعِ

ٱلنَّخۡلَةِ تُسَٰقِطۡ عَلَيۡكِ رُطَبًا جَنِيًّا ﴿٢٥﴾

*جىبرىل ئېيتتى: «ئۇغۇ شۇنداق①، (ئەمما) رەببىڭ ئېيتتىكى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل② ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلىمىز③، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر»④ [21]. ئاندىن مەريەم ھامىلدار بولدى، شۇ ۋەجىدىن (ئائىلىسىدىن يىراق) چەت بىر جايغا كەتتى [22]. تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى بىر خورما دەرىخىنىڭ غولىغا (يۆلىنىۋېلىشقا) مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسەمچۇ! ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلەردىن بولۇپ كەتسەمچۇ!»⑤ [23]. جىبرىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن ندا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، رەببىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىق پەيدا قىلدى [24]. خورما دەرىخىنىڭ غولىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ⑥ [25].*

① يەنى ئېيتقىنىڭ توغرا، ھېچبىر ئەر سېنى توغرا ياكى ناتوغرا يول بىلەن تۇتۇپ باقىقىنى يوق يەنى ساڭا ھېچكىم قول تەككۈزۈپ باقىقىنى يوق. ئادەتتە ھامىلە ئۇچۇن ئەر بولمىسا بولمايدۇ.

② يەنى مەن زاھىرىي سەۋەبكە موھتاج ئەمەس، بۇ ئىش مەن ئۇچۇن ناھايىتى ئاسان. بىز ئۇنى كىشىلەرگە يارىتىشتىكى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان بەلگە قىلىماقچىمىز. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىز سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئەر ۋە ئايالسىز ياراتتۇق، ئاناڭلار ھاۋانى ئايالسىز ئەردىنلا ياراتتۇق ۋە بارلىق مەخلۇقاتنى ئەر بىلەن ئايالدىن ياراتتۇق، مانا ئەمدى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەرسىز ئايالدىنلا يارىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان تۆتىنچى خىل يارىتىشنى تولۇقلىماقچىمىز. بىز ئىنساننى تۆت خىل ئۇسۇلدا يارىتىشقا قادىرمىز.

③ بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ خاس رەھمىتى بولغان پەيغەمبەرلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ پەيغەمبەرلىككە ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۇچۇنمۇ رەھمەتتۇر.

④ بۇ جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باشتا مەريەمگە قىلغان سۆزىنىڭ

داۋامى بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ سۆزىنى مەريەمگە يەتكۈزدى، يەنى «بۇ مۆجىزە خاراكتېرلىك يارىتىش» ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، قۇدرىتى، ئىلمى بويىچە تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر.

⑤ ئۇنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى شۇنداق بىر ئەندىشە ۋەجىدىن ئىدىكى، ئۇ: مەن بۇ بالىنى كىشىلەرگە نېمە دەپ چۈشەندۈرىمەن، مېنىڭ سۆزلىرىمگە كىممۇ ئىشىنەر؟ دېگەن ئەندىشىدە قالغان ئىدى، يەنە: مەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىبادەت قىلغۇچى تەقۋادار دەپ تونۇلۇپ قالغان ئىدىم، ئەمدى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يامان ئىش قىلىدىغان ئايال دېگەن بەتنامغا قالارمەنمۇ؟ دېگەن ئەندىشە ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغان ئىدى.

⑥ ﴿سَرِيًّا﴾ ئېرىق ياكى سۇ چىقىدىغان قۇدۇق دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا مۆجىزە ۋە كارامەت سۈپىتىدە مەريەمنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدىن ئىچىش ئۈچۈن سۇ ۋە يېيىش ئۈچۈن قۇرۇپ قالغان دەرەختىن يېڭى پىشقان خورما ئاتا قىلدى. نىدا قىلغۇچى جىبرىل ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭغا جىلغىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلغان ئىدى. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ﴿سَرِيًّا﴾ سەردار دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئانىسى مەريەمگە ئاستىدىن نىدا قىلغان ئىدى.

فَكُلِي وَٱشْرَبِي وَقَرِّي عَيْنًاۖ فَإِمَّا تَرَيِنَّ مِنَ ٱلْبَشَرِ أَحَدًا فَقُولِيٓ إِنِّي
نَذَرْتُ لِلرَّحْمَٰنِ صَوْمًا فَلَنْ أُكَلِّمَ ٱلْيَوْمَ إِنسِيًّا ﴿٢٦﴾ فَأَتَتْ بِهِۦ
قَوْمَهَا تَحْمِلُهُۥۖ قَالُوا۟ يَٰمَرْيَمُ لَقَدْ جِئْتِ شَيْـًٔا فَرِيًّا ﴿٢٧﴾ يَٰٓأُخْتَ
هَٰرُونَ مَا كَانَ أَبُوكِ ٱمْرَأَ سَوْءٍ وَمَا كَانَتْ أُمُّكِ بَغِيًّا ﴿٢٨﴾ فَأَشَارَتْ
إِلَيْهِۖ قَالُوا۟ كَيْفَ نُكَلِّمُ مَن كَانَ فِي ٱلْمَهْدِ صَبِيًّا ﴿٢٩﴾ قَالَ إِنِّي
عَبْدُ ٱللَّهِ ءَاتَىٰنِيَ ٱلْكِتَٰبَ وَجَعَلَنِي نَبِيًّا ﴿٣٠﴾

***(بۇ خورمىدىن) يېگىن، (بۇ سۇدىن) ئىچكىن ۋە (بوۋىقىڭدىن) شاتلانغىن①، ئەگەر سەن بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا): «مەن ھەقىقەتەن سۆز قىلمايمەن دەپ (روزا***

***تۇتۇپ) مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ۋەدە بەرگەن ئىدىم، شۇڭا بۈگۈن ھېچكىمگە سۆز قىلمايمەن، دېگىن② » [26]. نىھايەت، مەريەم بوۋاقنى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى) كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئېيتتى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە بىر ئىش قىلىپ قويدۇڭ [27]. ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى!③ سېنىڭ ئاتاڭ ناچار ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان ئايال ئەمەس ئىدى» [28]. مەريەم (گەپ قىلماي، بۇنىڭدىن سوراڭلار دېگەندەك) بوۋاقنى كۆرسىتىپ قويدى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق گەپ قىلىمىز؟» دېدى [29]. بوۋاق ئېيتتى: «شەكسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى (يەنى ئىنجىلنى) بەردى ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى④ [30].***

① يەنى خورمىدىن يېگىن، سۇدىن ئىچكىن، بالىغا قاراپ، ئۆزۈڭنى خاتىرجەم قىلغىن.

② ئۇ بۇ گەپلەرنى تىل بىلەن ئەمەس بەلكى ئىشارەت ئارقىلىق دېگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە يېمەك-ئىچمەكتىن ھەتتا گەپ-سۆز قىلىشتىن پەرھىز تۇتۇش ئارقىلىقمۇ روزا تۇتۇش بار ئىدى.

③ بۇ يەردىكى ھارۇندىن مەريەمنىڭ ئۆز ياكى ئۆگەي قېرىندىشى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر بۇ ھارۇندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالام مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئەرەبلەر ئادەتتە «يَا أَخَا تَمِيْمٍ يَا أَخَا الْعَرَبِ «ئى تەمىمنىڭ قېرىندىشى! دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش توغرا ئەمەس، چۈنكى سەھىھ مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە بۇ يەردىكى ھارۇننىڭ ھارۇن پەيغەمبەر ئەمەسلىكى بەلكى مەريەمنىڭ ئۆز ياكى ئۆگەي قېرىندىشى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان) سەھىھ مۇسلىم 2135-ھەدىس، تەپسىر تەبەرى) ياكى پاكلىق، ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىقتا ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى دەپ ئاتالغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇنداق مىساللار قۇرئان كەرىمدە كۆپ ئۇچرايدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ يەنى تەقدىر ئەزەلىيدە ئاللاھ تائالا ماڭا كىتاب بېرىدىغانلىقى ۋە

مېنى پەيغەمبەر قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بولدى.

وَجَعَلَنِي مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنتُ وَأَوْصَٰنِي بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ مَا
دُمْتُ حَيًّا ﴿٣١﴾ وَبَرًّۢا بِوَٰلِدَتِي وَلَمْ يَجْعَلْنِي جَبَّارًا شَقِيًّا ﴿٣٢﴾ وَٱلسَّلَٰمُ
عَلَيَّ يَوْمَ وُلِدتُّ وَيَوْمَ أَمُوتُ وَيَوْمَ أُبْعَثُ حَيًّا ﴿٣٣﴾ ذَٰلِكَ عِيسَى
ٱبْنُ مَرْيَمَ قَوْلَ ٱلْحَقِّ ٱلَّذِي فِيهِ يَمْتَرُونَ ﴿٣٤﴾

***قەيەردىلا بولسام، مېنى بەرىكەتلىك قىلدى① ، ھاياتلا بولسام، ناماز ئوقۇشۇمنى، زاكات بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلدى [31]. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى② ، مېنى مۇتەكەببىر ۋە ئاسىي قىلمىدى③ [32]. مەن تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە ۋە تىرىلدىغان كۈندە (ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن) ماڭا ئامانلىق بولىدۇ» [33]. ئەنە شۇ مەريەم ئوغلى ئىيسا (قىسسىسى) دۇر. ئۇلار شەك قىلىشۋاتقان ھەق سۆز (مۇشۇ) دۇر ④ [34].***

① يەنى مېنى دىندا مۇستەھكەم تۇرىدىغان قىلدى ياكى ھەر قانداق ئېرىشكەن نەرسەمدە بەرىكەتنى زىيادە قىلدى، ماڭا ھەر ئىشتا غەلبە، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۈستۈنلۈك نېسىپ قىلدى ياكى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، خەيرلىك ئىشلارنى تەلىم بېرىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان قىلدى. (فەتھۇلقەدىر)

② پەقەت ئانىغا كۆيۈمچان قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغانلىقىدىنمۇ ئايان بولىدۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز تۇغۇلغانلىقى كاتتا بىر مۆجىزە ئىدى، بولمىسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام «مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى» دېمەيتتى، بەلكى يەھيا ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە «ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچى (قىلدى)» دېيىلگەندەك، مېنى ئاتا-ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، دېگەن بولاتتى.

③ دېمەك كىمكى ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنمايدىغان مۇتەكەببىر، خىزمىتىنى قىلمايدىغان ئاسىي بولسا، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سەركەشلىك، قىسمىتىگە بەختسىزلىك يېزىلغان بولىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام

ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى بارلىق سۆزلىرىدە ﴿ءَاتَىٰنِىَ﴾ «بەردى»، ﴿جَعَلَنِى﴾ «قىلدى» دەپ ئۆتكەن زامان پېئىلىنى ئىشلەتتى، ھالبۇكى بۇلارنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار ئىدى، ئۇمۇ تېخى بوۋاق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئاللاھ تائالا تەقدىرىدە بەلگىلەپ بولغان، شەكسىز ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىشلاردىن ئىدى. گەرچە ئۇ ئىشلار تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولسىمۇ، يىقىن كەلگۈسىدە ۋۇجۇدقا چىقىشى خۇددى ئۆتكەن زاماندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر شەك-شۈبھىدىن خالىي بولغاندەك شەكسىز ئىدى.

④ يەنى مانا بۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي سۈپەتلىرىدۇر. ئۇ ناسارالارنىڭ ھەددىدىن ئاشۇرۇپ سۈپەتلىگىنىدەك ئىلاھلىق ئىمتىيازغىمۇ ئىگە ئەمەس، شۇنداقلا يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى كەمسىتىش يۈزىسىدىن بوھتان چاپلاپ ئېيتقانلىرىدەكمۇ ئەمەس. مانا بۇ ھەقىقەتتۇر، بۇ توغرۇلۇق كىشىلەر سەۋەبسىزلا شەك قىلىپ ئىختىلاپلىشىدۇ.

مَا كَانَ لِلَّهِ أَن يَتَّخِذَ مِن وَلَدٍۖ سُبۡحَٰنَهُۥٓۚ إِذَا قَضَىٰٓ أَمۡرٗا فَإِنَّمَا يَقُولُ
لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ٣٥ وَإِنَّ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُوهُۚ هَٰذَا صِرَٰطٞ
مُّسۡتَقِيمٞ ٣٦ فَٱخۡتَلَفَ ٱلۡأَحۡزَابُ مِنۢ بَيۡنِهِمۡۖ فَوَيۡلٞ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ
مِن مَّشۡهَدِ يَوۡمٍ عَظِيمٍ ٣٧ أَسۡمِعۡ بِهِمۡ وَأَبۡصِرۡ يَوۡمَ يَأۡتُونَنَا
لَٰكِنِ ٱلظَّٰلِمُونَ ٱلۡيَوۡمَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ٣٨ وَأَنذِرۡهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡحَسۡرَةِ
إِذۡ قُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ وَهُمۡ فِي غَفۡلَةٖ وَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ٣٩

*ئاللاھنىڭ بالىسى بولۇشى (ئۇنىڭ شەنىگە) لايىق ئەمەس، ئۇ (مۇنداق بولۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ ـ دە ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ① [35]. (ئىيسا قەۋمىگە مۇنداق دېدى:) «ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» [36]. شۇنداق تۇرۇقلۇق (يەھۇدىي ۋە خرىستىئان) پىرقىلەر ئۆز ئارىسىدا (ئىيسا توغرۇلۇق) ئىختىلاپ*

***قىلىشتى②، بۇ كاپىرلارنىڭ ھەممە ھازىر قىلىنىدىغان بۈيۈك (قىيامەت) كۈنىدىكى ھالىغا ۋاي!③ [37] ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە، (ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى) نېمىدېگەن سەزگۈر! (كۆزلىرى) نېمىدېگەن ئۆتكۈر!④ لېكىن زالىملار بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىدۇ [38]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنىدىن⑤ ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ⑥. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، ئۇلار (قىيامەتكە) ئىشەنمەيدۇ [39].***

① ئاللاھ تائالا شۇ قەدەر ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك تۇرسا، ئۇنىڭغا بالىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ شۇنىڭدەك ئىنسانىنى ئاتىسىز يارىتىشمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانچە مۇشكۈل ئىش ئەمەسقۇ؟ ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەنلەر ياكى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقىدىكى مۆجىزىنى ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر.

② بۇ ئايەتتىكى ﴿الْأَحْزَابُ﴾ دېگەندىن ئەھلى كىتاب پىرقىلىرى ۋە خىرىستىئانلار ئىچىدىكى پىرقىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ پىرقىلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشىپ، ھەر خىل قاراشلاردا بولدى: يەھۇدىيلار ئۇنى سېھىرگەر ۋە زىنادىن بولغان، يەنى يۈسۈف نەججارنىڭ بالىسى دېگەن بولسا؛ ناسارالارنىڭ نىستورىيە (پروتىستېنت) پىرقىسى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېدى. مۈلكىيە ياكى سۇلتانىيە (كاتولىك) پىرقىسى، ئىيسا ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسى، دېدى، يەنە يەئقۇبىيە پىرقىسى) ئارتودېكس)، ئۇنى ئىلاھ دەپ دەۋا قىلدى. دېمەك يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى بەكلا كەمسىتتى. ناسارالار ئۇنى مەدھىيەلەشتە ھەددىدىن ئېشىپ، ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتتى.) ئەيسەر تەپاسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

③ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ، ئۇنى كەمسىتكەن ۋە مەدھىيەلەشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋاي! يەنە بىر مەنىسى: ئۇلار دوزاختىكى «ۋەيلۇن» دېگەن ۋادىغا كىرىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ھالاكەت ۋە نادامەتتىن باشقا نەرسە يوق.

④ يەنى بۇ تەئەججۇپلىنىشنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىدۇر. يەنى ئۇلار دۇنيادا ھەقنى كۆرۈشتىن كور، ھەقنى ئاڭلاشتىن گاس بولۇپ ياشىغان ئىدى. لېكىن ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ئۇ يەردە كۆرۈش ۋە ئاڭلاشنىڭ پايدىسى بارمۇ؟

⑤ بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى «ھەسرەت كۈنى» دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇ كۈندە ھەممە ئادەم ھەسرەت چېكىدۇ. يامان ئىش قىلغانلار-كاشكى يامان ئىش قىلمىغان بولساقچۇ؟ دەپ ھەسرەت چەكسە؛ ياخشى ئىش قىلغانلار-نېمىشقا تېخىمۇ كۆپرەك ياخشى ئىش قىلمىغان بولغىيتتۇق؟ دەپ ھەسرەت چېكىدۇ.

⑥ يەنى ھېساب ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سەھىپىلەر قاتلىنىدۇ. جەننەتىيلەر جەننەتكە، دوزىخىيلار جەھەننەمگە ماڭىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «جەننەتكە كىرىدىغانلار جەننەتكە، دوزاخقا كىرىدىغانلار دوزاخقا كىرىپ بولغان ۋاقىتتا ئۆلۈم كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇ خۇددى (رەڭگى) ئاق-قارا ئارىلاش ئالا قوچقارغا ئوخشايدۇ. ئاندىن ئۇ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ. ئاندىن جەننەتكە كىرگەنلەردىن: ئى جەننەت ئەھلى! بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ (ئۇنىڭغا) قاراپ: ھەئە، (تونۇيمىز)، بۇ بولسا ئۆلۈم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن دوزاخقا كىرگەنلەردىن: ئى دوزاخ ئەھلى! بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەپ سورىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ (ئۇنىڭغا) قاراپ: ھەئە، تونۇيمىز، بۇ بولسا ئۆلۈم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى (بوغۇزلاشقا) بۇيرۇق قىلىنىدۇ، ئۇ بوغۇزلىنىدۇ. (جەننەتتىكىلەرگە): ئى جەننەت ئەھلى! (سىلەر جەننەتتە) مەڭگۈ قالىسىلەر (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۆلۈش يوقتۇر. (دوزاختىكىلەرگە): ئى دوزاخ ئەھلى! (سىلەر دوزاختا) مەڭگۈ قالىسىلەر (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۆلۈش يوقتۇر، دەپ جاكارلىنىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4730-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2850-ھەدىس)

إِنَّا نَحۡنُ نَرِثُ ٱلۡأَرۡضَ وَمَنۡ عَلَيۡهَا وَإِلَيۡنَا يُرۡجَعُونَ ٤٠ وَٱذۡكُرۡ فِي
ٱلۡكِتَٰبِ إِبۡرَٰهِيمَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صِدِّيقٗا نَّبِيًّا ٤١ إِذۡ قَالَ لِأَبِيهِ يَٰٓأَبَتِ

لِمَ تَعۡبُدُ مَا لَا يَسۡمَعُ وَلَا يُبۡصِرُ وَلَا يُغۡنِي عَنكَ شَيۡـٔٗا ﴿٤٢﴾ يَٰٓأَبَتِ
إِنِّي قَدۡ جَآءَنِي مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَمۡ يَأۡتِكَ فَٱتَّبِعۡنِيٓ أَهۡدِكَ صِرَٰطٗا
سَوِيّٗا ﴿٤٣﴾

***زېمىنغا ۋە زېمىن ئۈستىدىكى بارلىق مەۋجۇداتقا پەقەت بىز ۋارىسلىق قىلىمىز. ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ [40]. (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) كىتابتىكى (يەنى قۇرئاندىكى) ئىبراھىم (قىسسىسى)نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى① [41]. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! سەن نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن؟ [42]. ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر كەلدى②، سەن ماڭا ئەگەشكىن، مەن سېنى توغرا يولغا باشلايمەن③ [43].***

① ﴿صِدِّيقًا﴾ دېگەن «صِدْقٌ «(راستچىللىق)تىن تۈرلىنىپ چىققان سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى، ناھايىتى راستچىل يەنى سۆزى ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، راستچىللىق ئۇلگىسى دېگەن مەنىدە. سىددىق – راستچىللىق ماقامى بولۇپ، پەيغەمبەرلىكتىن قالسا ئەڭ يۇقىرى ماقام ۋە مەرتىۋە ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر پەيغەمبەر ۋە رەسۇل ئۆز ۋاقتىدىكى سىددىق ئەڭ راستچىل كىشى ۋە راستچىللىق نەمۇنىسىدۇر، شۇڭا ئۇ ھەم پەيغەمبەر ھەم سىددىق بولىدۇ. ئەمما ھەربىر سىددىق بولغان كىشىنىڭ پەيغەمبەر بولىشى ناتايىن. قۇرئان كەرىم مەريەمنى سىددىيقە دەپ ئاتىدى، چۈنكى ئۇ تەقۋادارلىق، پاكلىق ۋە راستچىللىقتا ئەڭ يۇقىرى ماقامغا يەتكەن ئىدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەمەس ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى ئىچىدە سىددىقلار كۆپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، پەيغەمبەرلەردىن قالسا ئۇممەت ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئىنسان دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن.

② مەن بۇ ئىلىم بىلەن ئاللاھنى تونۇدۇم ۋە ئۇنىڭغا شەكسىز

ئىشەندىم، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە ئاللاھنىڭ غەيرىيگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.

③ بۇ يول سېنى مەڭگۈلۈك سائادەتكە ۋە نىجاتلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

يَٰٓأَبَتِ لَا تَعۡبُدِ ٱلشَّيۡطَٰنَۖ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ كَانَ لِلرَّحۡمَٰنِ عَصِيّٗا ﴿٤٤﴾
يَٰٓأَبَتِ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يَمَسَّكَ عَذَابٞ مِّنَ ٱلرَّحۡمَٰنِ فَتَكُونَ
لِلشَّيۡطَٰنِ وَلِيّٗا ﴿٤٥﴾ قَالَ أَرَاغِبٌ أَنتَ عَنۡ ءَالِهَتِي يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُۖ لَئِن
لَّمۡ تَنتَهِ لَأَرۡجُمَنَّكَۖ وَٱهۡجُرۡنِي مَلِيّٗا ﴿٤٦﴾ قَالَ سَلَٰمٌ عَلَيۡكَۖ

*ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان رەھمان ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى① [44]. ئى ئاتا! سېنىڭ رەھمان ئاللاھنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن»② [45]. ئۇ (يەنى ئاتىسى) ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ؟ ئەگەر سەن (بۇنىڭدىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، سەن ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن»③ [46]. ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن④،*

① شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىپ ئازدۇرۇشى بىلەن سەن ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارى بولمىغان، پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قۇدرىتى يەتمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنىۋاتىسەن، بۇ قىلمىشىڭ ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغان شەيتانغا چوقۇنغانلىق بولىدۇ. شەيتان باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاسىي ـ گۇناھكار قىلىش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ.

② ئەگەر سەن شېرىك ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالساڭ، شۇ ھالەتتە ساڭا ئۆلۈم كەلسە، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن سېنى ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. سەن دۇنيادىمۇ ئازابقا دۇچار بولۇپ قالمىغىن، شەيتاننىڭ ئەگەشكۈچىسى بولغانلىقتىن ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوغلاندى بولۇپ قالمىغىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا ئەدەپ ـ ئېھتىرام بىلەن،

سەممىي مېھىر-شەپقىتىنى ئىزھار قىلىپ، گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلدى. لېكىن تەۋھىد ھەققىدىكى دەۋەت ھەرقانچە مۇلايىم ۋە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن بايان قىلىنسىمۇ، مۇشرىكلارغا ناھايىتى قاتتىق تۇيۇلىدۇ. نەتىجىدە مۇشرىك ئاتا شۇ قەدەر يۇمشاق ۋە مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان نەسىھەتكە جاۋابەن قاتتىق ۋە قوپال رەددىيە بېرىپ، ئۆزىنىڭ تەۋھىدچى ئوغلىغا: ئەگەر سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمغا قارشى چىقىشتىن يانمىساڭ، مەن سېنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دېدى.

③ ﴿مَلِيًّا﴾ ئۇزۇن مۇددەت، بىر مەزگىل دېگەن مەنىدە. بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، ساق-سالامەت: مېنى ئۆز ھالىمغا قويغىن، ساڭا قولۇم تېگىپ كەتمىسۇن، ساق-سالامەت يەنى چىرايلىقچە مەندىن ئايرىلغىن.

④ بۇ بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا قىلىدىغان سالام ئەمەس، بەلكى مۇنازىرىلىشىشنى يەنى چىرايلىقچە ئايرىلىشنى ئىزھار قىلىش ئىپادىسىدۇر. تۆۋەندىكى ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿رەھمان ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴾. (سۈرە فۇرقان 63-ئايەت) بۇ مۇئمىنلەرنىڭ نادانلارغا بېرىدىغان جاۋابى ۋە رەت قىلىش ئۇسلۇبىدۇر.

سَأَسْتَغْفِرُ لَكَ رَبِّيٓۖ إِنَّهُۥ كَانَ بِي حَفِيًّا ﴿٤٧﴾ وَأَعْتَزِلُكُمْ وَمَا تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَأَدْعُواْ رَبِّي عَسَىٰٓ أَلَّآ أَكُونَ بِدُعَآءِ رَبِّي شَقِيًّا ﴿٤٨﴾ فَلَمَّا ٱعْتَزَلَهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَهَبْنَا لَهُۥٓ إِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَۖ وَكُلًّا جَعَلْنَا نَبِيًّا ﴿٤٩﴾ وَوَهَبْنَا لَهُم مِّن رَّحْمَتِنَا وَجَعَلْنَا لَهُمْ لِسَانَ صِدْقٍ عَلِيًّا ﴿٥٠﴾

*رەببىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن① ، ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر [47]. مەن سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق تۇرىمەن، رەببىمگە دۇئا قىلىپ*

***تۇرىمەن، (سەن ئۈچۈن) رەببىمگە دۇئا قىلىش بىلەن بەختسىز (مەھرۇم) بولۇپ قالماسلىقىمنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىمەن» [48]. ئۇ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشقان چاغدا، ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق② ھەممىدە ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق [49]. ئۇلارغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزدىن ئىنئام قىلدۇق③، ئۇلارغا ياخشى نام (يەنى يۇقىرى شان ـ شەرەپ) ئاتا قىلدۇق④ [50].***

① ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى مۇشرىك ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بىلمىگەن ۋاقىتتا قىلغان ئىدى، ئۇنى بىلگەندىن كېيىن مۇشرىك ئاتىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلمىدى. سۈرە تەۋبە 114-ئايەتتە مۇشۇ نۇقتا بايان قىلىندى.

② يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىدى. يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نەۋرىسىنى ئوغلى بىلەن بىرلىكتە خۇددى ئوغلىدەك بىر يەردە تىلغا ئالدى. دېمەك ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلمىغان دەپ ئاتىسىنى، ئۆيىنى، ۋەتىنىنى تاشلاپ، قۇددۇسقا ھىجرەت قىلغان ئىدى. بىز ئۇنىڭدىكى ئاتىسىدىن ئايرىلىشتىن پەيدا بولغان روھىي زەربىنى يەڭگىللىتىش، پەرزەنت بىلەن كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارنى ئاتا قىلدۇق.

③ يەنى بىز ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكتىن باشقا نۇرغۇن نېمەتلەرنى ئاتا قىلدۇق. مەسىلەن: مال-دۇنيا، كۆپ ئەۋلاد، يەنە ئۇنىڭ نەسلىدىن كۆپ پەيغەمبەرلەرنى كەلتۈرۈشمۇ ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ كاتتا نېمەت ۋە مەرھەمەت ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئاتالدى.

④ ﴿لِسَانَ صِدْقٍ﴾ دېگەن گۈزەل مەدھىيە ۋە ياخشى نام ئىگىسى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە «لِسَانَ «(تىل) نى "صِدْقٍ") راستچىللىق) قا قوشۇپ، ئۇنى «عُلُوًّ «(يۇكسەك، يۇقىرى) دېگەن سۈپەت بىلەن بىللە كەلتۈردى. بۇ ئىبارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جەمەتى ھەققىدە

كىشىلەرنىڭ تىللىرىدا قالغان ياخشى نام ۋە مەدھىيەلەرگە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن لايىق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىندۇ. ئەمەلىيەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بارلىق ساماۋى دىنلارغا ئەگەشكۈچىلەر ھەتتا مۇشرىكلارمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ھازىرغا قەدەر ناھايىتى ئەدەب-ئېھتىرام بىلەن ياد ئېتىدۇ. بۇ پەيغەمبەرلىك ۋە ئەۋلاد نېمەتلىرىدىن كېيىن تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر نېمەت بولۇپ، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىدى.

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مُوسَىٰٓۚ إِنَّهُۥ كَانَ مُخۡلَصٗا وَكَانَ رَسُولٗا نَّبِيّٗا ﴿٥١﴾
وَنَٰدَيۡنَٰهُ مِن جَانِبِ ٱلطُّورِ ٱلۡأَيۡمَنِ وَقَرَّبۡنَٰهُ نَجِيّٗا ﴿٥٢﴾ وَوَهَبۡنَا لَهُۥ
مِن رَّحۡمَتِنَآ أَخَاهُ هَٰرُونَ نَبِيّٗا ﴿٥٣﴾ وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِسۡمَٰعِيلَۚ
إِنَّهُۥ كَانَ صَادِقَ ٱلۡوَعۡدِ وَكَانَ رَسُولٗا نَّبِيّٗا ﴿٥٤﴾ وَكَانَ يَأۡمُرُ أَهۡلَهُۥ
بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِۦ مَرۡضِيّٗا ﴿٥٥﴾ وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ
إِدۡرِيسَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صِدِّيقٗا نَّبِيّٗا ﴿٥٦﴾ وَرَفَعۡنَٰهُ مَكَانًا عَلِيًّا ﴿٥٧﴾

***(ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) كىتابتىكى (يەنى قۇرئاندىكى) مۇسا (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، شەكسىزكى، ئۇ تاللانغان زات ئىدى، ھەم رەسۇل① (ئەلچى)، ھەم نەبى (پەيغەمبەر) ئىدى [51]. ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى مۇڭداشقۇچى قىلىپ (ئۆزىمىزگە) يېقىنلاشتۇردۇق [52]. بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى (پەيغەمبەر قىلىپ) بەردۇق [53]. (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) كىتابتىكى (يەنى قۇرئاندىكى) ئىسمائىل (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل (ئەلچى)، ھەم نەبى (پەيغەمبەر) ئىدى [54]. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن (ياخشى كۆرۈلگەن) بىرسى ئىدى [55]. (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) كىتابتىكى (يەنى قۇرئاندىكى) ئىدرىس (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى② [56].***

**ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق [57].**

① ﴿مُخْلَصاً﴾ «مُصْطَفَى »، «مُجْتَبَى »، «مُخْتَارٌ» بۇ تۆت سۆز ئوخشاش بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئەلچىلىككە تاللانغان شەخس، سۆيۈملۈك كىشى. ﴿رَسُوْلًا﴾ «مُرْسَلٌ «(ئەۋەتىلگۈچى، ئەۋەتىلگەن ئەلچى) دېگەن مەنىدە. ﴿نَبِيًّا﴾ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزگۈچى، ئىلاھىي ۋەھيىدىن خەۋەر بەرگۈچى دېگەن مەنىدە. دېمەك ئۇقۇم جەھەتتىن ھەر ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ئوخشاش يەنى ئاللاھ تائالا كىمنى كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن تاللىغان بولسا، ئۇنىڭغا ۋەھىي نازىل قىلىدۇ، ئۇ كىشى رەسۇل ۋە نەبى دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئىلىم ئەھلىنىڭ ئارىسىدا بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى بىرمۇ ياكى پەرقلىقمۇ؟ ئەگەر پەرقلىق بولسا، زادى قانداق پەرقى بار؟ دېگەن تېمىدا تالاش-تارتىش داۋام قىلىپ كەلگەن. پەرقى بار دېگەنلەر ئومۇمەن مۇنداق دەيدۇ: كىمگە كىتاب نازىل بولغان ياكى ئايرىم شەرىئەت كەلگەن بولسا، ئۇ ھەم رەسۇل ھەم نەبى دەپ ئاتىلىدۇ.ئەمما ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرگە كەلگەن كىتاب ياكى شەرىئەتكە كىشىلەرنى دەۋەت قىلغان بولسا، ئۇ پەقەت نەبى دەپ ئاتىلىدۇ، رەسۇل دەپ ئاتالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ قۇرئان كەرىمدە بۇ ئىككى سۆز كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەرگىمۇ ۋە بېرىلمىگەن پەيغەمبەرگىمۇ ئورتاق ئىشلىتىلگەن. بەزى ئايەتلەردە ئايرىم ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: ﴿وَمَا اَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَّسُوْلٍ وَّلَا نَبِيٍّ﴾ ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قايسىبىر رەسۇل، قايسىبىر پەيغەمبەر بولسۇن...﴾. (سۈرە ھەج 52-ئايەت)

② ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئۈنجى پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ چوڭ دادىسى ئىدى. ئۇ ئۈنجى بولۇپ كىيىم تىكىشنى ئۆگەتكەن كىشىدۇر. بۇ ئايەتتىكى ﴿ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق﴾ دېگەندىن نېمە مەقسەت قىلىنغان؟ بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن دەپ چۈشەنگەن، لېكىن ئايەتنىڭ لەۋزى بۇ چۈشەنچىنى ئېنىق ئىپادىلىمەيدۇ. بۇ نۇقتا بىرەر سەھىھ ھەدىستىمۇ بايان قىلىنمىغان، ئەمما بىر قىسىم بەنى ئىسرائىل رىۋايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاشقا دەلىل بولالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئايەتنىڭ مەنىسىنى:

بىز ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئاتا قىلىش بىلەن مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلدۇق، دەپ چۈشەنسەك ئەڭ توغرا بولغان بولىدۇ. (ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر)

أُوْلَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِن ذُرِّيَّةِ ءَادَمَ وَمِمَّنْ حَمَلْنَا مَعَ نُوحٍ وَمِن ذُرِّيَّةِ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْرَٰٓءِيلَ وَمِمَّنْ هَدَيْنَا وَٱجْتَبَيْنَآ إِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَـٰتُ ٱلرَّحْمَـٰنِ خَرُّواْ سُجَّدًا وَبُكِيًّا ۩ ﴿٥٨﴾ ۞ فَخَلَفَ مِنۢ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَٱتَّبَعُواْ ٱلشَّهَوَٰتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا ﴿٥٩﴾ إِلَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَـٰلِحًا فَأُوْلَـٰٓئِكَ يَدْخُلُونَ ٱلْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ شَيْـًٔا ﴿٦٠﴾

*ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئادەم (ئەلەيھىسسالام) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە چىقارغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىسرائىل (يەئقۇب)نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز ھىدايەت قىلغان، (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغانلاردىندۇر، ئۇلارغا رەھماننىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار سەجدە قىلغان ۋە يىغلىغان ھالدا سەجدىگە يىقىلىدۇ① [58]. ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسقان يامان بىر ئەۋلاد بولدىكى، ئۇلار نامازنى زايە قىلدى، نەپسى - خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار يېقىندا ئازغۇنلۇقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ② [59]. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ھەققىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)③ [60].*

① يەنى ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغان چاغدا، كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ، ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرىتى ئالدىدا باشلىرىنى سەجدىگە قويىدۇ، مانا بۇ تەقۋادار بەندىلەرنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىسىدۇر. يۇقىرىقىدەك سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغاندا ئوقۇلىدىغان،

ھەدىسـتە كۆرسـىتىلگەن دۇئـا شـۇكى، «سَـجَدَ وَجْـهِيَ لِـلَّذِيْ خَلْقَـهُ وَشَـقَّ سَـمْعَهُ وَبَـصَرَهُ بِحَـوْلِهِ وَقُوَّتِـهِ» "مېنىـڭ يـۈزۈم ئۆزىنـى ياراتقـان، چىرايلـىق شـەكىلگە كىرگۈزگـەن ۋە قۇدرىتـى بىلـەن كـۆزۈم بىلـەن قۇلىقىمنـى سـاغلام قىلغـان زات-ئالـلاھقـا سـەجدە قىلـدى" (سـۈنەن ئەبـى داۋۇد 1414-ھەدىـس، جامـى تىرمىـزى 580-ھەدىـس، سـۈنەن نەسـائى 1130-ھەدىـس) بـەزى رىۋايەتلـەردە دۇئانىـڭ ئاخىرىـدا ﴿فَتَبَـارَكَ اللَّهُ أَحْسَـنُ الْخَالِقِيـنَ﴾ «ئـەڭ ماھىـر ياراتقۇچـى ئالـلاھ ھەممـە جەھەتتىـن ئەلۋەتتـە ئۇلۇغـدۇر» دېگـەن جۈملىمـۇ بـار (ئەۋنۇلمەئبۇد 1-توم، 203-بەت، 1411-ھەدىس)

② ئالـلاھنىـڭ نېمىتىگـە سـازاۋەر بولغـان بەندىلەرنىـڭ ئەھۋالـى بايـان قىلىنغاندىـن كېيىـن، ئالـلاھنىـڭ ئەھكاملىرىدىـن غەپلەتتـە قالغـان ۋە ئۇنىڭدىـن يـۈز ئۆرىگـەن كىشـىلەرنىڭ ئەھۋالـى بايـان قىلىنىۋاتىـدۇ. ئايەتتـە ﴿اَضَاعُـوا الصَّلٰـوةَ﴾ «نامازنـى زايـە قىلـدى» يەنـى تـەرك ئەتتـى، قولدىـن كەتكـۈزۈپ قويـدى، دەپ كەلـدى، ئەگـەر ئۇنىڭدىـن نامازنـى پۈتۈنلـەي تـەرك ئېتىـش كـۆزدە تۇتۇلغـان بولسـا، بـۇ كۇفۇرلـۇق ھېسـابلىنىدۇ. ئەگـەر ئۇنىڭدىـن نامازنىـڭ ۋاقتىنـى زايـە قىلغانلىـق كـۆزدە تۇتۇلغـان بولسـا، يەنـى نامازنـى ۋاقتىـدا ئوقۇماسـلىق، خالىسـا ئوقـۇپ، خالىسـا ئوقۇماسـلىق ياكـى ئۆزرىسـىز بىـر نەچچـە ۋاخ نامازنـى بىـر ۋاقىتتـا جەملـەپ ئوقـۇش، بەزىـدە بىـر ۋاخ، بەزىـدە ئىككـى ۋاخ، بەزىـدە تـۆت ۋاخ، بەزىـدە بـەش ۋاخ ئوقـۇش دېگەنـدەك، بۇلارنىـڭ ھەممىسـى نامازنـى زايـە قىلغانلىـق ۋە قولدىـن كەتكـۈزۈپ قويغانلىـق بولىـدۇ، بۇنـداق قىلغانـلار ئېغىـر گۇناھـكار بولىـدۇ، ئايەتتـە بايـان قىلىنغـان جازاغـا لايىـق بولـۇپ قالىـدۇ. ﴿غَيًّـا﴾ دېگـەن جـازا، ھالاكـەت، يامـان ئاقىۋەت ياكـى جەھەننەمدىكـى بىـر ۋادىنىـڭ ئىسـمىدۇر. شـۇنداق بولغانـدا ئايەتنىـڭ مەنىسـى: ئـۇلار ھالاكەتكـە، يامـان ئاقىۋەتكـە دۇچـار بولىـدۇ ياكـى جەھەننەمدىكـى ﴿غَيًّـا﴾ دېگـەن ۋادىغـا كىرىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

③ يەنـى كىمكـى نامازنـى ۋاقتىـدا ئوقۇماسـلىقتىن ۋە نەپسـى خاھىشـلىرىغا ئەگىشـىشـتىن تەۋبـە قىلسـا، ھەمـدە ياخشـى ئەمەللەرنـى بىرىنچـى ئورۇنـدا قويـۇپ ئـادا قىلسـا، مەزكـۇر يامـان ئاقىۋەتتىـن ساقلىنىـپ قالىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولىدۇ.

جَنَّـٰتِ عَـدۡنٍ ٱلَّـتِي وَعَـدَ ٱلرَّحۡمَـٰنُ عِبَـادَهُۥ بِٱلۡغَيۡـبِۚ إِنَّـهُۥ كَانَ وَعۡدُهُۥ

مَأْتِيًّا ﴿٦١﴾ لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا إِلَّا سَلَامًا ۖ وَلَهُمْ رِزْقُهُمْ فِيهَا
بُكْرَةً وَعَشِيًّا ﴿٦٢﴾ تِلْكَ ٱلْجَنَّةُ ٱلَّتِى نُورِثُ مِنْ عِبَادِنَا مَن كَانَ
تَقِيًّا ﴿٦٣﴾ وَمَا نَتَنَزَّلُ إِلَّا بِأَمْرِ رَبِّكَ ۖ لَهُۥ مَا بَيْنَ أَيْدِينَا وَمَا خَلْفَنَا
وَمَا بَيْنَ ذَٰلِكَ ۚ وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا ﴿٦٤﴾

***(ئۇ جەننەتلەر) رەھمان ئاللاھ بەندىلىرىگە غايىبانە ۋەدە قىلغان (ئۇلارمۇ كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەن) دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردۇر①، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ [61]. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ، بەلكى سالامنى (ھۇزۇر ۋە ئامان ـ ئېسەنلىك بېغىشلايدىغان سۆزلەرنى) ئاڭلايدۇ②، ئۇلار جەننەتتە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (كۆڭلى تارتقان) رىزىققا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ③ [62]. بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇدۇر [63]. (جىبرىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى:) بىز (دۇنياغا) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەنلا چۈشىمىز④، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە شۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، رەببىڭ (ھېچنەرسىنى) ئۇنتۇمايدۇ [64].***

① يەنى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى شۇ قەدەر كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇلار جەننەتنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ غايىبانە ۋەدىسىگە ئىشىنىپلا، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىمان ۋە تەقۋادارلىق يولىنى تاللىدى.

② يەنى پەرىشتىلەرمۇ ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن سالام قىلىدۇ يەنە جەننەت ئەھلىمۇ بىر ـ بىرىگە ھەمىشە سالام قىلىپ تۇرىدۇ.

③ ئىمام ئەھمەد بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: جەننەتتە كېچە ۋە كۈندۈز بولمايدۇ، پەقەت يورۇقلۇق، ھەمىشە يورۇق بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرى

نۇرلۇقلۇقتا خۇددى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ. ئۇلار (جەننەتتە) تۈكۈرۈدىغان، مىشقىرىدىغان ۋە ھاجەت قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قاچىلىرى ۋە تاغاقلىرى ئالتۇن-كۈمۈشتىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسرىق قاچىسىغا ئۇراق چىقىرىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان نەرسىلىرى ئۇرىقى مەززىلىك بولغان ياغاچتۇر. ئۇلاردىن چىققان تەر ئىپاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر ئەر كىشىگە ئىككىدىن ئايال بېرىلىدۇ. ئۇ ئاياللارنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ پاچىقىنىڭ يىلىكى گۆشىنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆچ-ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر كىشىنىڭ دىلىدەك بولىدۇ، ئۇلار ئەتىگىنى-ئاخشىمى ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3245-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2834-ھەدىس)

④ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم جىبرىل ئەلەيھىسسالامدىن پات-پات ۋە كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايەت نازىل بولدى.) سەھىھۇل بۇخارى 4731-ھەدىس)

رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا فَٱعۡبُدۡهُ وَٱصۡطَبِرۡ لِعِبَٰدَتِهِۦۚ هَلۡ تَعۡلَمُ لَهُۥ سَمِيّٗا ﴿٦٥﴾ وَيَقُولُ ٱلۡإِنسَٰنُ أَءِذَا مَا مِتُّ لَسَوۡفَ أُخۡرَجُ حَيًّا ﴿٦٦﴾ أَوَلَا يَذۡكُرُ ٱلۡإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقۡنَٰهُ مِن قَبۡلُ وَلَمۡ يَكُ شَيۡـٔٗا ﴿٦٧﴾ فَوَرَبِّكَ لَنَحۡشُرَنَّهُمۡ وَٱلشَّيَٰطِينَ ثُمَّ لَنُحۡضِرَنَّهُمۡ حَوۡلَ جَهَنَّمَ جِثِيّٗا ﴿٦٨﴾

*ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر، سەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن، سەن ئۇنىڭ ئىسمىدىشى (يەنى شېرىكى) بار دەپ قارامسەن؟① [65]. (كاپىر) ئىنسان②: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن، راستتىنلا تىرىلىپ (قەبرەمدىن) چىقىرىلامدىمەن؟»③ دەيدۇ [66]. ئۇ ئىنسان بىزنىڭ ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئەسلىمەمدۇ؟ (ئويلاپ باقمامدۇ؟)④ [67]. پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارنى*

***ئەلۋەتتە (ئۇلارنى ئازدۇرغان) شەيتانلار بىلەن قوشۇپ (ھېساب مەيدانىغا) يىغىمىز ، ئاندىن ئۇلارنى تىزلانغان ھالدا جەھەننەمنىڭ چۆرىسىدە ئەلۋەتتە ھازىر قىلىمىز⑤ [68].***

① ياق، يەنى ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. شېرىكى يوق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن باشقا بىرىگە ئىبادەت قىلىشمۇ جايىز ئەمەستۇر.

② بۇ يەردىكى ئىنسان دېگەندىن كاپىر مەقسەت قىلىنغان، ئۇ قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە قايىل بولمايدىغان كىشىدۇر.

③ بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن يەنى مەن ئۆلۈپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن قانداقمۇ ماڭا قايتا يېڭى جىسىم بېرىلىدۇ؟ يەنى ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

④ ئۇ سوئالغا ئاللاھ تائالا ئۆزى جاۋاب بەردى، يەنى تۇنجى قېتىم ئىنساننى ھېچبىر نەمۇنىسىز بىز ياراتقان تۇرساق، ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا يارىتىش بىزگە قانداقمۇ قىيىن بولسۇن؟ تۇنجى قېتىم يارىتىش قىيىنمۇ ياكى ئۆلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم يارىتىش قىيىنمۇ؟ ئىنسان نېمە دېگەن نادان ۋە ئەسلىنى ئۇنۇتقان ھە!؟ ئۇنىڭ ئۆز ئەسلىنى ئۇنۇتقانلىقى ئاللاھنى ئۇنتۇشقا ئېلىپ باردى.

⑤ ﴿جِثِيًّا﴾ «جَاثٍ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ «جَثَا يَجْثُوْ» دېگەن پېئىلدىن تۇرلەنگەن. «جَاثٍ» تىزلانغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە ھالەت بولۇپ كەلگەن. يەنى بىز ئۇلارنىلا ئەمەس بەلكى ئۇلارنى ئازدۇرغان شەيتانلارنى ياكى ئۇلار چوقۇنغان نەرسىلەرنى تىرىلدۇرىمىز. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمنىڭ ئەتراپىغا توپلايمىز، ئۇلار مەھشەرگاھنىڭ دەھشىتىدىن ۋە ھېسابتىن قورقۇپ تىزلانغان ھالەتتە تۇرىدۇ. ھەدىس قۇددىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بالىسى مېنى يالغانچىغا چىقاردى. ئۇنىڭ مېنى يالغانچىغا چىقىرىشى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدى، ئادەم بالىسى ماڭا ئازار بەردى، ئۇنىڭ ماڭا ئازار بېرىشى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مېنى يالغانچىغا چىقاغانلىقى ئۇنىڭ: ئاللاھ تائالا مېنى ئىلگىرى يوق يەردىن ياراتقانغا ئوخشاش (ئۆلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم) ھەرگىز تىرىلدۈرەلمەيدۇ، دېگەن سۆزىدۇر. ئۇنى (يوق يەردىن) تۇنجى قېتىم

يارىتىش ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم يارىتىشتىن ئوڭاي ئەمەس (يەنى ماڭا ئۇنى ئىككىنچى قېتىم يارىتىش بىرىنچى قېتىم يارىتىشتىن ئوڭاي). ئەمما ئۇنىڭ ماڭا ئازار بەرگەنلىكى ئۇنىڭ: ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار، دەپ ماڭا بالىنى مەنسۇپ قىلغانلىقىدۇر. مەن يالغۇزدۇرمەن، ھەممە ماڭا موھتاجدۇر. مەن بالا تاپقانمۇ ۋە تۇغۇلغانمۇ ئەمەسمەن. ھېچكىم ماڭا تەڭداش بولالمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4974-ھەدىس)

ثُمَّ لَنَنزِعَنَّ مِن كُلِّ شِيعَةٍ أَيُّهُمْ أَشَدُّ عَلَى ٱلرَّحْمَٰنِ عِتِيًّا ﴿٦٩﴾ ثُمَّ
لَنَحْنُ أَعْلَمُ بِٱلَّذِينَ هُمْ أَوْلَىٰ بِهَا صِلِيًّا ﴿٧٠﴾ وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا
كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ حَتْمًا مَّقْضِيًّا ﴿٧١﴾ ثُمَّ نُنَجِّى ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوا۟ وَّنَذَرُ
ٱلظَّٰلِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا ﴿٧٢﴾ وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالَ
ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَىُّ ٱلْفَرِيقَيْنِ خَيْرٌ مَّقَامًا وَأَحْسَنُ
نَدِيًّا ﴿٧٣﴾

*ئاندىن ھەربىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدىن رەھمان ئاللاھقا ئەڭ ئاسىي بولغانلىرىنى تارتىپ چىقىرىمىز① [69]. ئاندىن بىز دوزاخ ئازابىغا ئەڭ لايىق بولغانلارنىمۇ ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىمىز② [70]. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاختا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ رەببىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر [71]. ئاندىن تەقۋادارلارنى قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى (قالدۇرۇپ) قويىمىز③ [72]. ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز (يەنى ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى) تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇ كاپىرلار مۆئمىنلەرگە: «ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى (يەنى مەجلىسخانىسى) گۈزەل؟» دېدى④ [73].*

① ﴿عِتِيًّا﴾ «عَتَا يَعْتُوْ» پېئىلىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، «عَاتٍ» «ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى، ناھايىتى سەركەش، بويسۇنماس، ئىتائەت

قىلمايدىغان دېگەن مەنىدە. دېمەك ھەربىر گۇمراھ پىرقىنىڭ ئەڭ ئاسىي بولغانلىرى ۋە باشلامچىلىرىنى جەم قىلىپ، جەھەننەمگە تاشلايمىز. چۈنكى باشلامچىلار ئەگەشكۈچىلىرىگە قارىغاندا ئېغىر ۋە قاتتىق ئازاب چېكىدۇ. تەپسىلاتى كېيىنكى ئايەتتە كېلىدۇ.

② ﴿صِلِيًّا﴾ «صَلَىٰ يَصْلِىٰ دېگەن پېئىلنىڭ تومۇرى، كىرىش، داخىل بولۇش دېگەن مەنىدە. يەنى كىمنىڭ جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ ئۇنىڭدا قاتتىق ئازابقا ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىنى بىز ئوبدان بىلىمىز.

③ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سەھىھ ھەدىسلەردە مۇنداق بايان قىلىنغان: جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە ئىنچىكىلىكتە قىلچىنىڭ بىسىغا ئوخشاش كۆۋرۈك قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەر قانداق بىر مۇئمىن ۋە كاپىر ئۆتمەي قالمايدۇ مۇئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىگە قارىتا تېز ياكى ئاستا ئۆتىدۇ، بەزىلەر يىقىلىپ قوپۇپ تەستە ئۆتىدۇ، بەزىلەر چاقماق تېزلىكىدە، بەزىلەر شامالنىڭ تېزلىكىدە، بەزىلەر ئۇچار قۇشلاردەك، بەزىلەر ئارغىماقنىڭ تېزلىكىدە ۋە ئارغىماقتىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ئەڭ تېز يۈگۈرۈشىدەك ئۆتىدۇ، بەزىلەر بىخەتەر سالامەت ئۆتسە، بەزىلەر زەخىملەنگەن ھالدا ئۆتىدۇ، بەزىلەر جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇلار كېيىن شاپائەت ئارقىلىق جەھەننەمدىن چىقىرىلىدۇ، ئەمما كاپىرلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ: «مۇسۇلمان بىر كىشىنىڭ نارەسىدە ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ دوزاخقا ھەرگىز كىرمەيدۇ، (كىرگەن تەقدىردە) پەقەت ئاللاھ ئۆزىنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانچىلىك مۇددەت كىرىدۇ» سەھىھۇل بۇخارى 1251-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2632-ھەدىس) يەنى ئۇ پىلسىرات كۆۋرۈكتىن ئۆتكىچىلىك مۇددەت دوزاخقا كىرىدۇ، دېمەك ئۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن قىسقا مۇددەتتە دوزاخ ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ قەسىمى بۇ ئايەتتە ﴿حَتْمًا مَّقْضِيًّا﴾ «ئۆزگەرمەس ھۆكۈم» دېيىلدى. (تەپسىلاتى ئۇچۇن ئىبنى كەسىر ۋە ئەيسەر تەپاسىرگە قارالسۇن)

④ يەنى مەككە كاپىرلىرى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى ماددىي نەرسىلەر بىلەن، پېقىر مۇسۇلمانلارنى قۇرەيشنىڭ بايلىرى

بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ توپلىشىدىغان مەجلىسخانىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مەجلىسخانىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتا يولىنى توغرا قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىدى. مەسىلەن: ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى بىلال، ئەممار ۋە سۇھەيب) ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىق پېقىر مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار ئىچىدىكى ئەبۇ جەھىل، نەزر ئىبنى هارىس، ئۇتبە ۋە شەيبە قاتارلىق قۇرەيش كاتتىباشلىرى ۋە ھەشەمەتلىك سارايى ئىگىلىرىگە سېلىشتۇرسا؛ «دار شۇرا» مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭەش قىلىدىغان ماكانى «دار ئەرقەم»نى كاپىرلارنىڭ يىغىن ئاچىدىغان چوڭ مەجلىسخانىسى «دار نەدۋە»گە سېلىشتۇرۇپ، كىمنىڭ ئورنى ۋە مەجلىسخانىسى ئەڭ گۈزەل؟ دېدى.

وَكَمۡ أَهۡلَكۡنَا قَبۡلَهُم مِّن قَرۡنٍ هُمۡ أَحۡسَنُ أَثَٰثٗا وَرِءۡيٗا ﴿٧٤﴾ قُلۡ
مَن كَانَ فِي ٱلضَّلَٰلَةِ فَلۡيَمۡدُدۡ لَهُ ٱلرَّحۡمَٰنُ مَدًّاۚ حَتَّىٰٓ إِذَا رَأَوۡاْ مَا
يُوعَدُونَ إِمَّا ٱلۡعَذَابَ وَإِمَّا ٱلسَّاعَةَ فَسَيَعۡلَمُونَ مَنۡ هُوَ شَرّٞ مَّكَانٗا
وَأَضۡعَفُ جُندٗا ﴿٧٥﴾ وَيَزِيدُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱهۡتَدَوۡاْ هُدٗىۗ وَٱلۡبَٰقِيَٰتُ
ٱلصَّٰلِحَٰتُ خَيۡرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابٗا وَخَيۡرٞ مَّرَدًّا ﴿٧٦﴾ أَفَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي
كَفَرَ بِـَٔايَٰتِنَا وَقَالَ لَأُوتَيَنَّ مَالٗا وَوَلَدًا ﴿٧٧﴾

*بىز ئۇلاردىن ئىلگىرى بايلىقتا ۋە چىراي - شەكىلدە ئۇلاردىن ئۈستۈن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى (ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن) ھالاك قىلىۋەتتۇق① [74]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «كىمكى گۇمراھلىقتا بولىدىكەن، رەھمان ئاللاھ ئۇنىڭغا تازا ئۇزۇن مۆھلەت بېرىدۇ، ھەتتا (شۇ ۋاقىتقا قەدەر مۆھلەت بېرىدۇكى) ئۇلار ئازاب ياكى قىيامەتتىن ئىبارەت ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىنى كۆرۈپ بولىدۇ، شۇ چاغدا ئۇلار كىمنىڭ ئورنى يامان ۋە كىمنىڭ لەشكىرى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ»② [75]. ئاللاھ ھىدايەت تاپقانلارنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ③، مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر ساۋاب جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشىدۇر④ [76].*

***بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە «ماڭا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە مال - مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ» دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ [77].***

① يەنى دۇنيانىڭ بۇ نەرسىلىرى پەخىرلەنگۈدەك چوڭ نەرسە ئەمەس ياكى بىراۋنىڭ بايلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ماڭغان يولىنى ھەق ياكى باتىل دەپ ھۆكۈم قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ نەرسىلەر سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىندى. ئۇلارنىڭ بايلىقى ۋە چىراي-شەكلى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى.

② ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مال-مۈلۈك كاپىرلار ۋە گۇمراھلارغا مۆھلەت يۈزىسىدىنمۇ بېرىلىدۇ. شۇڭا كۆپ بايلىق بېرىلگەنلىكمۇ توغرا يولدا بولغانلىقنى ئىسپاتلايدىغان ئۆلچەم ئەمەس. كىمنىڭ سالىھ ۋە كىمنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكى ئۇلارغا ئەمەل قىلىش مۆھلىتى تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلارنى ئوراپ ئالغان چاغدا بىلىنىدۇ ياكى ئۇلار بۇ ئىشلارنى قىيامەت قايىم بولغان چاغدا بىلىدۇ. لېكىن ئۇ چاغدا بىلگەننىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە زىياننىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقا ۋە خاتانى تۈزىتىشكە ھېچقانداق پۇرسەت بولمايدۇ.

③ بۇ ئايەتتە يەنە بىر قائىدە بايان قىلىندى، بۇ قۇرئان مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىدىكى ئىماننى كۈچەيتىپ، ھىدايەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاندەك، دىللىرىنى كۇفرى، شېرىك ۋە گۇمراھلىق قاپلىغان كىشىلەرنىڭ گۇمراھلىقىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ.

④ بۇ ئايەتتە پېقىر مۇسۇلمانلارغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار پەخىرلەنگەن مال-دۇنيانىڭ باقاسى يوق، ئۇ مال-دۇنيا ھامان يوقىلىدۇ، ئەمما سىلەر قىلىۋاتقان ياخشى ئەمەللەر مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇ ئەمەللەرنىڭ ساۋابى ۋە مۇكاپاتى سىلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدۇ. ياخشى ئەمەللەرنىڭ يوقالماس پايدىسى ۋە نەتىجىسى سىلەرگە قايتىدۇ. بۇ مۇكاپات ھەممىدىن ياخشىدۇر.

أَطَّلَعَ ٱلْغَيْبَ أَمِ ٱتَّخَذَ عِندَ ٱلرَّحْمَٰنِ عَهْدًا ﴿٧٨﴾ كَلَّاۚ سَنَكْتُبُ مَا

يَقُولُ وَنَمُدُّ لَهُۥ مِنَ ٱلْعَذَابِ مَدًّا ﴿٧٩﴾ وَنَرِثُهُۥ مَا يَقُولُ وَيَأْتِينَا
فَرْدًا ﴿٨٠﴾ وَٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةً لِّيَكُونُوا۟ لَهُمْ عِزًّا ﴿٨١﴾ كَلَّا ۚ
سَيَكْفُرُونَ بِعِبَادَتِهِمْ وَيَكُونُونَ عَلَيْهِمْ ضِدًّا ﴿٨٢﴾

***ئۇ غەيبنى بىلگەنمۇ؟ ياكى رەھمان ئاللاھتىن (بۇ ھەقتە) بىرەر ئەھدە ئالغانمۇ؟ [78]. ھەرگىز ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازابنى (توختىمايدىغان قىلىپ) ئۇزارتىپ تۇرىمىز [79]. ئۇ تىلغا ئېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى پۇل ـ ماللىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى) بىز ئىگىلەيمىز، ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا تەنھا كېلىدۇ① [80]. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىمىز دېگەن خام خىيال بىلەن (يەنى بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولىمىز دەپ)، ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى [81]. ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (يەنى چوقۇنغان ئىلاھلىرى ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە) ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ② [82].***

① بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت بار. ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسى ئاس ئىبنى ۋائىل ئىسلامغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ توغرۇلۇق خەبباب ئىبنى ئەرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەككىدە تۆمۈرچىلىك قىلاتتىم. مەن ئاس ئىبنى ۋائىلغا بىر قىلىچ سوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن قىلىچنىڭ پۇلىنى ئالغىلى باردىم. ئۇ ماڭا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن مۇھەممەدنى ئىنكار قىلمىغۇچە مەن سېنىڭ پۇلۇڭنى بەرمەيمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ئۆلۈپ قايتا تىرىلسەڭمۇ، مەن مۇھەممەدتىن تانمايمەن، دېدىم. ئۇ: مەن ھەقىقەتەن ئۆلۈپ ئاندىن تىرىلگەن ۋاقتىمدا، مېنىڭ مال-مۈلكۈم ۋە بالام بولىدۇ. (شۇ چاغدا) مېنىڭ قېشىمغا كەلگىن، ئاندىن ئېلىشىڭنى بېرەي، دېدى». (سەھىھۇل بۇخارى 4732-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2795-ھەدىس) بۇ يەردە

دېيىلدىكى، ئۇنىڭ دەۋا قىلغىنىدەك ئۇ غەيبنى بىلەمدۇ؟ ئۇ يەردە ئۇنىڭ مېلى ۋە بالىلىرى بولامدۇ؟ ياكى ئۇ ئاللاھتىن بۇ ھەقتە ئەھدە ئالغانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇ چوڭچىلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، ئۇ گېپىنى قىلىۋاتقان مال-مۈلۈك ۋە بالىلارغا بىز ۋارىسلىق قىلىمىز. يەنى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ، ئۇ دەرگاھىمىزغا يالغۇز كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىلكىدە نە مال-دۇنيا، نە ئەۋلادى بولمايدۇ، قولىدا ھېچ نەرسە يوق كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنى ئازاب كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە ئازابنى كۆپەيتىپ تۇرىمىز.

② ﴿عِزًّا﴾نىڭ مەنىسى ئۇلار بۇ مەبۇدلارنى ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن سەۋەبچى ۋە ياردەمچى بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدى. ﴿ضِدًّا﴾نىڭ مەنىسى ئۇلارغا زىت، دۈشمەن، ئۇلارغا قارشى دۈشمەنلەرگە ياردەم قىلغۇچى. يەنى بۇ مەبۇدلار ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنى ھىمايە قىلماستىن، ئۇلارغا قارشى دۈشمەن ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلغۇچى بولىدۇ.

أَلَمْ تَرَ أَنَّآ أَرْسَلْنَا ٱلشَّيَٰطِينَ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ تَؤُزُّهُمْ أَزًّا ﴿٨٣﴾ فَلَا
تَعْجَلْ عَلَيْهِمْ ۖ إِنَّمَا نَعُدُّ لَهُمْ عَدًّا ﴿٨٤﴾ يَوْمَ نَحْشُرُ ٱلْمُتَّقِينَ إِلَى
ٱلرَّحْمَٰنِ وَفْدًا ﴿٨٥﴾ وَنَسُوقُ ٱلْمُجْرِمِينَ إِلَىٰ جَهَنَّمَ وِرْدًا ﴿٨٦﴾ لَّا
يَمْلِكُونَ ٱلشَّفَٰعَةَ إِلَّا مَنِ ٱتَّخَذَ عِندَ ٱلرَّحْمَٰنِ عَهْدًا ﴿٨٧﴾ وَقَالُوا۟
ٱتَّخَذَ ٱلرَّحْمَٰنُ وَلَدًا ﴿٨٨﴾ لَّقَدْ جِئْتُمْ شَيْـًٔا إِدًّا ﴿٨٩﴾ تَكَادُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ
يَتَفَطَّرْنَ مِنْهُ وَتَنشَقُّ ٱلْأَرْضُ وَتَخِرُّ ٱلْجِبَالُ هَدًّا ﴿٩٠﴾ أَن دَعَوْا۟
لِلرَّحْمَٰنِ وَلَدًا ﴿٩١﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە شەيتانلارنى ئەۋەتكەنلىكىمىزنى بىلمىدىڭمۇ؟ شەيتانلار ئۇلارنى (ئاسىيلىققا) تازا قىزىقتۇرىدۇ① [83]. سەن ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىگىن②، بىز (ئۇلارنىڭ كۈنلىرىنى) بىر - بىرلەپ ساناپ تۇرىمىز [84]. بىز شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە)*

*تەقۋادارلارنى رەھمان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن يىغىمىز [85]. گۇناھكارلارنى بولسا (سۇغا) تەشنا بولغان ھالىتىدە جەھەننەمگە ھەيدەيمىز③ [86]. رەھمان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلارنىڭ قولىدىن شاپائەت قىلىش كەلمەيدۇ④ [87]. ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلار): «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېيىشتى [88]. سىلەر شەك - شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار [89]. بۇ سۆزنىڭ (قەبىھلىكىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ، يەر يېرىلىپ، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى [90]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار «رەھمان (ئاللاھ)نىڭ بالىسى بار» دەپ بىلجىرلىدى⑤ [91].*

① يەنى شەيتان ئۇلارنى تازا ئازدۇرىدۇ، گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ ۋە شۇ تەرەپكە تارتىپ كېتىدۇ.

② ئۇلارغا بېرىلگەن مۆھلەت تۈگىگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشىدۇ، شۇڭا سېنىڭ ئالدىراپ كېتىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

③ ﴿وَفْدًا﴾ دېگەن «وَافِدٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى، «رَاكِبٌ»نىڭ كۆپلۈكى «رَكْبَ «بولغاندەك، مەنىسى «ئۆمەك» يەنى ھۆرمەتلىك تەقۋادارلار ئۆمىكى ۋە توپى دېگەن مەنىدە. ئۇلار نۇردىن بولغان ئېسىل دۇلدۇللارغا مىندۈرۈلۈپ، ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام بىلەن جەننەت تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ دەل ئەكسىچە، گۇناھكارلار ئاچ ۋە ئۇسسۇز ھالەتتە جەھەننەمگە ھەيدىلىدۇ. ﴿وِرْدًا﴾ ئۇسسۇز دېگەن مەنىدە.

④ بۇ يەردىكى «ئەھدىگە ئېرىشكەنلەر» ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، سالىھ ئەمەللەرنى قىلغان تەقۋا كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئەنە شۇ ئەھلى ئىمان ۋە ئەھلى تەقۋا بولغان كىشىلەردىن ئاللاھ تائالا كىملەرگە شاپائەت قىلىشقا ئىجازەت بەرسە، ئەنە شۇلار شاپائەت قىلالايدۇ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىمگە شاپائەت قىلىشقا ئىجازەت بېرىلمەيدۇ.

⑤ ﴿ إِدًّا﴾نىڭ مەنىسى ناھايىتى سەت ۋە قەبىھ ئىش، «دَاهِيَةٌ»نىڭ مەنىسى ئېغىر كۈلپەت ۋە چوڭ بالا-قازا دېمەكتۇر. يۇقىرىدا بايان

قىلىنغانىدەك، ئاللاھقا ئەۋلاد مەنسۇپ قىلىش شۇ قەدەر قاتتىق گۇناھكى، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ئاسمان-زېمىن يېرىلىپ كەتكىلى ۋە تاغلار پارە-پارە بولۇپ كەتكىلى تاس قالىدۇ.

وَمَا يَنۢبَغِي لِلرَّحۡمَٰنِ أَن يَتَّخِذَ وَلَدًا ﴿٩٢﴾ إِن كُلُّ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِ إِلَّآ ءَاتِي ٱلرَّحۡمَٰنِ عَبۡدٗا ﴿٩٣﴾ لَّقَدۡ أَحۡصَىٰهُمۡ وَعَدَّهُمۡ عَدّٗا ﴿٩٤﴾
وَكُلُّهُمۡ ءَاتِيهِ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَرۡدًا ﴿٩٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَيَجۡعَلُ لَهُمُ ٱلرَّحۡمَٰنُ وُدّٗا ﴿٩٦﴾ فَإِنَّمَا يَسَّرۡنَٰهُ بِلِسَانِكَ
لِتُبَشِّرَ بِهِ ٱلۡمُتَّقِينَ وَتُنذِرَ بِهِۦ قَوۡمٗا لُّدّٗا ﴿٩٧﴾ وَكَمۡ أَهۡلَكۡنَا قَبۡلَهُم
مِّن قَرۡنٍ هَلۡ تُحِسُّ مِنۡهُم مِّنۡ أَحَدٍ أَوۡ تَسۡمَعُ لَهُمۡ رِكۡزَۢا ﴿٩٨﴾

***بالىلىق بولۇش رەھمان ئاللاھقا لايىق ئەمەستۇر [92]. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا رەھمان ئاللاھقا بەندە بولۇپ (بويسۇنۇپ) كەلمەيدىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر① [93]. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىنى (ئىلمى بىلەن) قورشىغان ۋە سانىنىمۇ تولۇق ساناپ قويغاندۇر② [94]. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ③ [95]. شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن، رەھمان ئاللاھ (دىللاردا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ④ [96]. (ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە سەركەش⑤ قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق⑥ [97]. بىز ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، سەن ئۇلاردىن بىرەر كىشىنى كۆرەلەمسەن؟ (تاپالامسەن؟) ياكى ئۇلارنىڭ تىۋشىنى (يەنى ئۇلارغا ئائىت بىرەر پەس ئاۋازنى بولسىمۇ) ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىنىدىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازنى ئاڭلىغىلى ھېچكىم قالمىدى)⑦ [98].***

① بارلىق مەخلۇقات ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئاجىز بەندىلىرى تۇرسا،

ئۇنىڭغا بالىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ بالىلىق بولۇش ئۇنىڭغا ھەم لايىق ئەمەستۇر.

② يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ قىيامەت كۈنىگە قەدەر ياشايدىغان بارلىق ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ سانى خاتىرىلەپ قويۇلغان، ھەممىسى ئاللاھنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا، ھەممە مەخلۇقات ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. ھېچبىر مەخلۇق ئۇنىڭ كونتروللىقىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان ياكى يوشۇرۇنغان ئەمەس، نە يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ.

③ يەنى ھېچكىم ھېچكىمگە ياردەم قىلالمايدۇ، نە مال-مۈلۈك ئۇ يەردە ئەسقاتمايدۇ. ﴿ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) پۇل-مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ﴾.) سۈرە شۇئەرا 88-ئايەت)ھەر شەخس يەككە ھالدا ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن ئۆزى ھېساب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ئىنسان دۇنيادا ئۈمىد كۈتكەن، قىيامەتتە مەدەتكار بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشىلەرنى ئۇ يەردە تاپالمايدۇ، ھېچكىم ھېچكىمگە ياردەم بېرىشكە كەلمەيدۇ.

④ يەنى شۇ ياخشى ئەمەل سەۋەبىدىن دۇنيادا كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ئۇلارغا نىسبەتەن مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالا بىر (سالىھ) بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: مەن ھەقىقەتەن پالان بەندىنى ياخشى كۆردۇم، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن، دەيدۇ. جىبرىئىل ئۇ بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئاسماندىكىلەرگە ئېلان قىلىدۇ، (ئاسماندىكىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ). ئاندىن ياخشى كۆرۈش زېمىندىكى كىشىلەرگە چۈشۈرۈلىدۇ، (ئاندىن ئۇ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالىدۇ)». (سەھىھۇل بۇخارى 6040-ھەدىس)

⑤ ﴿ لُدًّا﴾ دېگەن سۆز «أَلَدُّ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قاتتىق سەركەش ئادەملەر دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭدىن كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار مەقسەت قىلىنغان.

⑥ قۇرئاننى ئوقۇيالاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنىڭ مەنىسى ئۇنى پەيغەمبەر بىلىدىغان تىلدا نازىل قىلغانلىقى يەنى ئەرەب تىلىدا چۈشۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوچۇق، چۈشىنىشلىك ۋە ئېنىق قىلغانلىقىدۇر.

⑦ ﴿تُحِسُّ﴾ «الإِدْرَاكُ بِالْحِسِّ» ھېس ئاساسىدا ھاسىل بولغان ئىدراك يەنى

ھېس-تۇيغۇ بىلەن بىلمەك دېگەن مەنىدە. يەنى سەن ئۇلارنى كۆزۈڭ بىلەن كۆرەلەمسەن؟ ياكى قولۇڭ بىلەن تۇتالامسەن؟ بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش تەرىقىسىدە كەلگەن، ئۇلار دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا سەن ئۇلارنى كۆرەلمەيسەن ھەم تۇتالمايسەن. ﴿رِكْزًا﴾ دېگەن پەس ئاۋاز دېگەن مەنىدە. ئۇلارنىڭ پەس ئاۋازىنىمۇ ھېچ يەردىن ئاڭلىيالمايسەن.

# سۈرە تاھا

| (٢٠) سورة طه مكية ١٣٥ آية | (20) سۈرە تاھا مەككىدە چۈشكەن 135 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

طه ﴿١﴾ مَآ أَنزَلْنَا عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ لِتَشْقَىٰٓ ﴿٢﴾ إِلَّا تَذْكِرَةً لِّمَن
يَخْشَىٰ ﴿٣﴾ تَنزِيلًا مِّمَّنْ خَلَقَ ٱلْأَرْضَ وَٱلسَّمَٰوَٰتِ ٱلْعُلَى ﴿٤﴾

***تاھا [1]. (ئى مۇھەممەد!) قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس①، پەقەت (ئاللاھتىن) قورقىدىغانلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق [2 ـ 3]. بۇ (قۇرئان) زېمىننى ۋە ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [4].***

★ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەب بولغان بىر نەچچە ئامىللار بار، تارىخ ۋە تەرجىمھال ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئۇ ھەمشىرىسىنىڭ ئۆيىدە سۈرە تاھانىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولغان. (فەتھۇلقەدىر)

① يەنى بىز قۇرئاننى ساڭا كاپىرلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ، ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قايغۇرۇپ، ئۆزۈڭنى جاپاغا

سېلىشىڭ ۋە پەرىشان بولۇشۇڭ ئۈچۈن نازىل قىلىمىدۇق. تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ بۇ نۇقتىغا ئىشارەت قىلىنغان. ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار بۇ سۆزگە (قۇرئانغا) ئىمان ئېيتمىسا، سەن ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىسەن﴾. (سۈرە كەھف 6-ئايەت) بەلكى بىز قۇرئاننى كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق، ئۇنىڭ بىلەن ھەربىر پىكىرلىك ئىنساننىڭ قەلبىدىكى تەۋھىد ئۇچقۇنى نامايەن بولغاي. بۇ يەردىكى ﴿ لِتَشْقَىٰٓ ﴾ «شَقَاءٌ يَعْنِىْ عَنَاءٌ وَ تَعْبٌ «كۈلپەت ۋە جاپا-مۇشەققەت مەنىسىدە كەلگەن.

ٱلرَّحْمَٰنُ عَلَى ٱلْعَرْشِ ٱسْتَوَىٰ ﴿٥﴾ لَهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ
وَمَا بَيْنَهُمَا وَمَا تَحْتَ ٱلثَّرَىٰ ﴿٦﴾ وَإِن تَجْهَرْ بِٱلْقَوْلِ فَإِنَّهُۥ يَعْلَمُ
ٱلسِّرَّ وَأَخْفَى ﴿٧﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ لَهُ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ ﴿٨﴾ وَهَلْ
أَتَىٰكَ حَدِيثُ مُوسَىٰٓ ﴿٩﴾ إِذْ رَءَا نَارًا فَقَالَ لِأَهْلِهِ ٱمْكُثُوٓا۟ إِنِّىٓ
ءَانَسْتُ نَارًا لَّعَلِّىٓ ءَاتِيكُم مِّنْهَا بِقَبَسٍ أَوْ أَجِدُ عَلَى ٱلنَّارِ
هُدًى ﴿١٠﴾

***رەھمان ئاللاھ ئەرش ئۈستىگە (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىدى① [5]. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى② شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدۇر) [6]. ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭمۇ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭمۇ، ئاللاھ ئۈچۈن بەرىبىردۇر)، چۈنكى ئاللاھ (ھەرقانداق) سىرنى ۋە ئەڭ مەخپىي ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ③ [7]. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار④ [8]. (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسانىڭ قىسسىسى كەلدىمۇ؟ [9]. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا (بىر جايدا) ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە: «سىلەر (بۇ يەردە) تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بىر ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ***

***قالدۇم، مەن بېرىپ (ئۇنىڭدىن) بىرەر تال چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن» دېدى⑤ [10].***

① ئەمما ئۇنىڭ قانداق ۋە قايسى تەرىقىدە ئۆرلىگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.) تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە بەقەرە 29-ئايەت، سۈرە ئەئراف 54-ئايەت، سۈرە رەئد 2-ئايەت ۋە سۈرە زۇمەر 67-ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

② ﴿الثَّرٰى﴾نىڭ مەنىسى زېمىنىنىڭ ئەڭ ئاستى، يەنى زېمىنىنىڭ ئاستىدىكى نەرسىلەرمۇ ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر.

③ يەنى ئاللاھقا زىكىر ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىشتا ئاۋازنى بەك يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ئاللاھ ئەڭ تۆۋەن ئاۋاز ۋە ئەڭ مەخپىي نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ﴿اَخْفٰى﴾ دېگەن سۆزنى ئۆتكەن زامان پېئىلى دەپ ئالغاندا مەنىسى، ئاللاھ بەندىلەرنىڭ تەقدىرىگە يېزىلغان ۋە ھازىرغا قەدەر كىشىلەردىن مەخپىي تۇتقان بارلىق ئىشلارنى بىلىدۇ. يەنى قىيامەتكە قەدەر يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى بىلىدۇ، دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆزنى سېلىشتۇرما دەرىجىدىكى سۈپەت دەپ ئالغاندا مەنىسى، ﴿ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾، دېگەن بولىدۇ.

④ يەنى ئىلاھمۇ ئەنە شۇدۇر، مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر، ئەڭ گۈزەل ئىسىملارمۇ ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ شۇ گۈزەل ئىسىملار بىلەن چاقىرىلىدۇ ۋە دۇئا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇنداق گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىمۇ يوقتۇر. شۇڭا ئۇنى توغرا رەۋىشتە تونۇپ، ئۇنىڭدىنلا قورقۇش، ئۇنىلا سۆيۈش، ئۇنىڭغىلا ئىشىنىش، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىتائەت قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئىنسان رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارغاندا، شەرمەندە بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىپ خۇرسەن بولىدۇ، رىزالىقىغا ئېرىشىپ سائادەتمەن بولىدۇ.

⑤ بۇ ۋەقە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئايالى بىلەن (بىر رىۋايەتكە ئاساسەن ئايالى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەختلىك قىزى ئىدى) مەدىيەندىن مىسىردىكى ئانىسىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقاندا يۈز بەرگەن، ئۇ قاراڭغۇ بىر كېچىدە يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ سۆزى

بويىچە ئايالىنىڭ تۇغىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىسسىنىشقا موھتاج ئىدى ياكى ئۇ قىش پەسلى بولغاچقا ئوت يېقىپ ئىسسىنماقچى بولغان ئىدى، شۇ پەيتتە يىراقتىن ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە: «سىلەر (بۇ يەردە) تۇرۇپ تۇرۇڭلار ..» دېدى، بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە پېئىلنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىشلىتىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئايالى، بالىسى ۋە خىزمەتكارى بار ئىدى.

فَلَمَّآ أَتَىٰهَا نُودِيَ يَٰمُوسَىٰٓ ﴿١١﴾ إِنِّيٓ أَنَا۠ رَبُّكَ فَٱخۡلَعۡ نَعۡلَيۡكَ إِنَّكَ
بِٱلۡوَادِ ٱلۡمُقَدَّسِ طُوٗى ﴿١٢﴾ وَأَنَا ٱخۡتَرۡتُكَ فَٱسۡتَمِعۡ لِمَا يُوحَىٰٓ ﴿١٣﴾
إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدۡنِي وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ لِذِكۡرِيٓ ﴿١٤﴾

***مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، نىدا قىلىندى:① «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭمەن، كەشىڭنى سالغىن②، چۈنكى سەن (ھازىر) مۇقەددەس تۇۋا ۋادىسىدا تۇرۇۋاتىسەن③ [11 ـ 12]. مەن سېنى تاللىدىم④، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن [13]. مەن ھەقىقەتەن ئاللاھمەن، مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، سەن ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن⑤، مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن⑥ [14].***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوت بار يەرگە كەلگەندە، بىر دەرەختىن ئاۋاز كەلدى، سۈرە قەسەس 30-ئايەتتە كەلگەندەك.

② كەشىنى سېلىشقا بۇيرۇشتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىغا كېلىپ قالغاچقا، تۇرۇۋاتقان ئورۇننى ھۆرمەتلەش ۋە كەمتەرلىكنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كەشنى سېلىشقا بۇيرۇلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كەشى ئاشلانمىغان ئېشەكنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەنلىكى ئۈچۈن سېلىشقا بۇيرۇلغان، چۈنكى ھايۋاننىڭ تېرىسى ئاشلانمىغۇچە پاك بولمايدۇ. بۇ سۆزنى تېخىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاشلانمىغان تېرىدە قانداقمۇ ئاياغ تىككىلى بولسۇن؟ بۇ يەردە ۋادىنىڭ پاكلىقى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى، قۇرئاننىڭ

ئايىتىمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ بۇيرۇقنى ئىككى خىل نۇقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرىنچى، بۇ ۋادى ئۇلۇغ جاي بولغانلىقى ئۈچۈن. ئىككىنچى، مۇسا ئەلەيھىسسالام يالاڭ ئاياغ بولغاندا ۋادىنىڭ پاكلىقى ئۇنىڭغا تېخىمۇ تەسىر قىلىپ، قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشسۇن دەپ كەشىنى سېلىشقا بۇيرۇلغان. توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

③ ﴿طُوًى﴾ دېگەن سۆز ۋادىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بەزى لۇغەتشۇناسلار ئۇنى گىراماماتىكا نۇقتىسىدىن ئاخىرى ئۆزگىرىدىغان ئىسىم دېسە، بەزىلەر ئاخىرى ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىم دەپ قارايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى مەن سېنى ئەلچىلىك، پەيغەمبەرلىك ھەم بىۋاستە سۆزلىشىشكە تاللىدىم.

⑤ ئىبادەت قىلىش شەرىئەت بۇيرۇغان ئەھكاملار ئىچىدىكى ئەڭ ئاۋۋالقى ۋە ھەممىدىن مۇھىم بۇيرۇق بولۇپ، ھەربىر ئىنساندىن تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەقىقىي ئىلاھلىققا لايىق زات ئاللاھتۇر، شۇڭا ئاللاھلا ئىبادەتكە لايىقتۇر، ئىبادەت قىلىنىش ئۇنىڭ ھەققىدۇر.

⑥ ئىبادەتتىن كېيىن ناماز ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەمر قىلدى، ۋەھالەنكى نامازمۇ ئىبادەتكە كىرەتتى، ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿لِذِكْرِيْ﴾نىڭ بىر مەنىسى: مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغىن دېمەكتۇر. چۈنكى ياد ئېتىشنىڭ ئۇسۇلى ئىبادەتتۇر، ئىبادەتلەر ئىچىدە ناماز ئالاھىدە پەزىلەت ۋە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ئىككىنچى مەنىسى: مېنى ياد ئەتكەندە ناماز ئوقۇغىن دېمەكتۇر. يەنى غەپلەت ياكى ئۇيقۇ سەۋەبلىك بوشىشىپ قالغان بولساڭ، ئاكتىپ ھالەتكە كەلگەندە ياكى ئۇيقۇدىن تۇرغاندا مېنى ياد ئەتسەڭ، ناماز ئوقۇغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ناماز ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغان بولسا ياكى ئۇنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، بۇ خاتالىقنى يۇيىدىغان كاپارەت ئۇنى ئېسىگە كەلگەندە دەرھال ئوقۇشتۇر. بۇنىڭدىن باشقا بۇ خاتالىقنى يۇيىدىغان نەرسە يوقتۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 597-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 684-ھەدىس)يەنە بىر مەنىسى: نامازنى خالىس مەن ئۈچۈن مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلغىن.

إِنَّ ٱلسَّاعَةَ ءَاتِيَةٌ أَكَادُ أُخۡفِيهَا لِتُجۡزَىٰ كُلُّ نَفۡسِۭ بِمَا تَسۡعَىٰ ﴿١٥﴾
فَلَا يَصُدَّنَّكَ عَنۡهَا مَن لَّا يُؤۡمِنُ بِهَا وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ فَتَرۡدَىٰ ﴿١٦﴾
وَمَا تِلۡكَ بِيَمِينِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿١٧﴾ قَالَ هِيَ عَصَايَ أَتَوَكَّؤُاْ عَلَيۡهَا
وَأَهُشُّ بِهَا عَلَىٰ غَنَمِي وَلِيَ فِيهَا مَـَٔارِبُ أُخۡرَىٰ ﴿١٨﴾ قَالَ أَلۡقِهَا
يَٰمُوسَىٰ ﴿١٩﴾ فَأَلۡقَىٰهَا فَإِذَا هِيَ حَيَّةٞ تَسۡعَىٰ ﴿٢٠﴾ قَالَ خُذۡهَا وَلَا تَخَفۡۖ
سَنُعِيدُهَا سِيرَتَهَا ٱلۡأُولَىٰ ﴿٢١﴾ وَٱضۡمُمۡ يَدَكَ إِلَىٰ جَنَاحِكَ تَخۡرُجۡ
بَيۡضَآءَ مِنۡ غَيۡرِ سُوٓءٍ ءَايَةً أُخۡرَىٰ ﴿٢٢﴾ لِنُرِيَكَ مِنۡ ءَايَٰتِنَا
ٱلۡكُبۡرَى ﴿٢٣﴾

*قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ياكى جازالىنىشى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ ۋاقتىنى بەك مەخپىي تۇتىمەن [15]. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن) توسۇپ قويمىسۇن، ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ ھالاك بولۇپ كېتىسەن① [16]. ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟» [17]. مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، ئۇنىڭدا مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار» [18]. ئاللاھ: «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى [19]. مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ شۇ ھامان تېز مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى [20]. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنى ئال! قورقمىغىن! بىز ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز② [21]. قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)، ئۇ ئاپئاق (نۇرلۇق بولۇپ) چىقىدۇ، (بۇ) بىرەر ئەيىب (ۋە كېسەللىك) تىن بولمىغان③ يەنە بىر مۆجىزىدۇر [22]. (بۇنداق قىلىش) ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىشىمىز ئۈچۈندۇر [23].*

① چۈنكى ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن قاچىدىغان ياكى ئۇنى ئېسىگە ئېلىش ۋە ئۇ ھەقتە ئويلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئادەم ھالاكەتكە

دۇچار بولۇپ قالىدۇ.

② مانا بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان مەشھۇر ھاسا مۆجىزىسىدۇر.

③ يەنى قولنىڭ ئاپئاق نۇرلۇق بولۇپ چىقىشى ئاق كېسەل ياكى باشقا بىر ئەيىب-نۇقساندىن ئەمەس بەلكى بۇ بىز ساڭا ئاتا قىلغان يەنە بىر مۆجىزىدۇر. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ھەر ئىككى مۆجىزىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە (ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن دەلىل-پاكىتتۇر﴾. (سۇرە قەسەس 32-ئايەت)

ٱذۡهَبۡ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٢٤﴾ قَالَ رَبِّ ٱشۡرَحۡ لِي صَدۡرِي ﴿٢٥﴾
وَيَسِّرۡ لِيٓ أَمۡرِي ﴿٢٦﴾ وَٱحۡلُلۡ عُقۡدَةٗ مِّن لِّسَانِي ﴿٢٧﴾ يَفۡقَهُواْ قَوۡلِي ﴿٢٨﴾
وَٱجۡعَل لِّي وَزِيرٗا مِّنۡ أَهۡلِي ﴿٢٩﴾ هَٰرُونَ أَخِي ﴿٣٠﴾ ٱشۡدُدۡ بِهِۦٓ أَزۡرِي ﴿٣١﴾
وَأَشۡرِكۡهُ فِيٓ أَمۡرِي ﴿٣٢﴾

***پىرئەۋننىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى»① [24]. مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مېنىڭ كۆڭلى - كۆكسۈمنى كەڭ قىلغىن [25]. مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن [26]. تىلىمدىن كېكەچلىكنى (ئېغىرلىقنى) كۆتۈرۈۋەتكىن [27]. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن [28]. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن [29 - 30]. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن [31]. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن② [32].***

① بۇ يەردە پىرئەۋننىڭ تىلغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىۋالغان ئىدى، ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك زۇلۇم سالاتتى، ئۇ زۇلۇم-ستەم ۋە ئىستىبداتلىقتا تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ئىدى، ھەتتا ئۇ: ﴿مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار﴾ دەپ دەۋا قىلغان ئىدى. (سۇرە نازىئات 24-ئايەت)

② رىۋايەت قىلىنىشىچە مۇسا ئەلەيھىسسالام كىچىكىدە پىرئەۋننىڭ قەسرىدە تەربىيىلىنىۋاتقان مەزگىلىدە، ئالدىغا خورما بىلەن چوغ قويۇلغان ۋاقىتتا خورمىنى ئالماي، چوغنى ئېلىپ ئاغزىغا سالغانلىقى سەۋەبلىك تىلى كۆيگەن ۋە ئازراق كېكەچ بولۇپ قالغان ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئاللاھ تائالا ئۇنى پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەمرىمنى يەتكۈز دەپ بۇيرۇغان چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا ئىككى ئىش كەلدى: بىرىنچىسى، بۇ پىرئەۋن بىر مۇتەكەببىر زالىم پادىشاھ، تېخى ئۇ ئۆزىنى ئىلاھ دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان، شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ يەردىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. دېمەك ئۇ بىر تەرەپتىن پىرئەۋننىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، بويسۇنماسلىقىدىن ئەنسىرىسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى سادىر قىلغان ۋەقەنىڭ سورىقى بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلىنىڭ ئازراق كېكەچلىكىمۇ ئۈچىنچى بىر مەسىلە ئىدى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى: «ئى پەرۋەردىگارىم! پەيغەمبەرلىكنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەلەيدىغان بولۇشۇم ئۈچۈن مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن. مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن]يەنى ۋەزىپەمنى ئادا قىلىشتا ماڭا ياردەم قىلغىن. پىرئەۋننىڭ ئالدىدا سېنىڭ ئەمرىڭنى ئۇچۇق بايان قىلالايدىغان بولۇشۇم ئۈچۈن ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزۈمنىمۇ قوغدىشىم ئۈچۈن تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ماڭا قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن.» (ھارۇن ئەلەيھىسسالام ياشتا مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن چوڭ ئىدى) ﴿وَزِيرًا﴾ دېگەن «مُوَازِرًا «(ئېغىرلىقنى كۆتۈرگۈچى) مەنىسىدە كېلىدۇ. خۇددى ۋەزىر پادىشاھنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ، مەملىكەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغاندەك، ھارۇن ئەلەيھىسسالامۇ مېنىڭ مەسلىھەتچىم ۋە ياردەمچىم بولسۇن.

كَيۡ نُسَبِّحَكَ كَثِيرٗا ٣٣ وَنَذۡكُرَكَ كَثِيرًا ٣٤ إِنَّكَ كُنتَ بِنَا
بَصِيرٗا ٣٥ قَالَ قَدۡ أُوتِيتَ سُؤۡلَكَ يَٰمُوسَىٰ ٣٦ وَلَقَدۡ مَنَنَّا عَلَيۡكَ
مَرَّةً أُخۡرَىٰٓ ٣٧ إِذۡ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ أُمِّكَ مَا يُوحَىٰٓ ٣٨ أَنِ ٱقۡذِفِيهِ فِي

ٱلتَّابُوتِ فَٱقۡذِفِيهِ فِي ٱلۡيَمِّ فَلۡيُلۡقِهِ ٱلۡيَمُّ بِٱلسَّاحِلِ يَأۡخُذۡهُ عَدُوّٞ لِّي
وَعَدُوّٞ لَّهُۥۚ وَأَلۡقَيۡتُ عَلَيۡكَ مَحَبَّةٗ مِّنِّي وَلِتُصۡنَعَ عَلَىٰ عَيۡنِيٓ ﴿٣٩﴾

*بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز [33]. ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز① [34]. شەكسىزكى، سەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن»② [35]. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! سورىغانلىرىڭ ھەقىقەتەن ساڭا بېرىلدى③ [36]. بىز ھەقىقەتەن (بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ) ساڭا باشقا بىر نېمەت ئاتا قىلغان ئىدۇق④ [37]. ئۆز ۋاقتىدا بىز ئاناڭغا ساڭا دېيىلىۋاتقان نەرسىلەرنى ئىلھام قىلغان ئىدۇق» [38]. (ئېيتتۇقكى) «ئۇنى (يەنى بالىنى) ساندۇققا سېلىپ دەرياغا قويۇپ بەرگىن، شۇنىڭ بىلەن دەريا ئۇنى قىرغاققا چىقىرىپ قويسۇن، ئۇنى مېنىڭمۇ دۈشمىنىم، ئۇنىڭمۇ دۈشمىنى⑤ ئېلىۋالسۇن!». (ئى مۇسا! سېنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشۈڭ)، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تەربىيەلىنىشىڭ ئۈچۈن⑥، ساڭا ئۆز تەرىپىمدىن مېھرى ئىسسىقلىق ئاتا قىلدىم⑦ [39].*

① بۇ ئايەتتە دۇئانىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىدى، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە ساڭا كۆپلەپ زىكىر-تەسبىھ ئېيتقايمىز.

② سەن ھەممە ئەھۋالىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن، كېچىكىمىزدىن تارتىپ بىزگە ئېھسان قىلىپ كەلدىڭ، ھېلىمۇ بىزنى رەھمىتىڭدىن مەھرۇم قىلمىغىن.

③ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىدىكى كېكەچلىكنى پۈتۈنلەي ساقايتىۋەتكەن، شۇ ۋەجىدىن بەزىلەرنىڭ بۇ ھەقتە: مۇسا ئەلەيھىسسالام تىلىدىكى كېكەچلىكنى پۈتۈنلەي ساقايتىۋېتىشنى تىلىمىگەن، شۇڭا پىرئەۋننىڭ ﴿مەن ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن﴾. (سۈرە زۇخرۇف 52-ئايەت) دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ئۇنىڭدا ئازراق كېكەچلىك قالغان، دەپ قارىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى پىرئەۋن بۇ سۆزنى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتقان ئىدى. (ئەيسەر تەپاسىر)

④ ئاللاھ بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىغا بېشارەت بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىچىك ۋاقتىدا ئاتا قىلغان مەرھەمەتلىرىنى بايان قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ قەتل قىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى ئىلاھي ئىلھام) ئارقىلىق بوۋاقنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلىغان ئىدى.

⑤ بۇنىڭدىن پىرئەۋن كۆزدە تۇتۇلغان، ئۇ ئاللاھنىڭمۇ دۈشمىنى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ دۈشمىنى ئىدى. يەنى ياغاچتىن ياسالغان بۇ ساندۇق ئېقىپ بېرىپ، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ يېنىدىكى دەريا بويىغا كېلىپ قالدى، ئوردىنىڭ ئادەملىرىنى ساندۇقنى سۇدىن چىقاردى، ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە بىر مەسۇم بوۋاق تۇراتتى. پىرئەۋن ئايالىنىڭ تەلپى بويىچە بوۋاقنى ئوردىدا بېقىشقا ئېلىپ قالدى.

⑥ ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتى، ساقلىشى ۋە ھىمايە قىلىشتىكى ھېكمىتىگە قاراڭلار! پىرئەۋن مۇشۇ پەيغەمبەر بولىدىغان بوۋاقنى ھايات قالدۇرماسلىق ئۈچۈن سانسىز بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغان ئىدى، مانا ئەمدى دەل شۇ بوۋاقنى ئاللاھ تائالا پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدە باقتۇرىۋاتىدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئانىسى ئېمىتىۋاتىدۇ، تېخى ئېمىتكەن ھەققىنىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمىنى بولغان پىرئەۋندىن ئېلىۋاتىدۇ. «ئاللاھ پاكتۇر، بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى، ھەممىدىن غالىب ۋە ھەممىنىڭ پادىشاھىدۇر».

⑦ يەنى پىرئەۋننىڭ دىلىغا ياكى ئومۇمىي ئىنسانلارنىڭ دىلىغا سېنىڭ ئىسسىق مېھرىڭ ۋە مۇھەببىتىڭ سېلىندى.

إِذْ تَمْشِيٓ أُخْتُكَ فَتَقُولُ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَىٰ مَن يَكْفُلُهُۥ ۖ فَرَجَعْنَٰكَ
إِلَىٰٓ أُمِّكَ كَيْ تَقَرَّ عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ ۚ وَقَتَلْتَ نَفْسًا فَنَجَّيْنَٰكَ مِنَ
ٱلْغَمِّ وَفَتَنَّٰكَ فُتُونًا ۚ فَلَبِثْتَ سِنِينَ فِيٓ أَهْلِ مَدْيَنَ ثُمَّ جِئْتَ عَلَىٰ
قَدَرٍ يَٰمُوسَىٰ ﴿٤٠﴾

***ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ھەمشىرەڭ (پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە) بېرىپ:***

***«سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى①. بىز سېنىڭ ئاناڭنى خۇش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىڭ②، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى (تۈرلۈك كۆلپەتلەر بىلەن كۆپ قېتىم) ئوبدان سىنىدۇق③، سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇردۇڭ④. كېيىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (مەديەندىن تۇرسىناغا) كەلدىڭ⑤ [40].***

① بۇ ۋەقە مۇنداق يۈز بەرگەن: ئانا ساندۇقنى دەرياغا تاشلىغاندىن كېيىن قىزىغا دېدى: بۇ ساندۇققا ئەگىشىپ ماڭغىن، قايسى قىرغاقتا توختاپ، قانداق ئەھۋالغا يولۇقىدۇ، بىلىپ كەلگىن. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ساندۇق ئېقىپ بېرىپ پىرئەۋننىڭ قەسرىگە كىرىپ قالدى، ئۇلار بوۋاقنى ئېلىپ قالدى، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق بولغانلىقتىن ئانا سۈتىگە موھتاج ئىدى، شۇڭا ئىنىك ئانا ۋە ئېمىتىپ بېرىدىغان ئاياللارنى چاقىردى، لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنىڭ سۈتىنى ئېغىزىغا ئالمىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسى تەمكىنلىك بىلەن ئەھۋالنى باشتىن ئاخىر كۆزىتىپ تۇراتتى، ئاخىرى ئۇلارغا: مەن سىلەرگە بۇ بوۋاقنى ئېمىتەلەيدىغان بىر ئىنىك ئانا تېپىپ بېرەيمۇ؟ دېدى، ئۇلار ماقۇل بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئانىسى يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنى چاقىرىپ كەلدى، ئانا ئەمچىكىنى بالىسىنىڭ ئاغزىغا ئەكەلگەن ھامان ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەدبىرى بىلەن تىنماستىن ئېمىشكە باشلىدى.

② بۇ ئايەتتە يەنە بىر نېمەت بايان قىلىنىۋاتىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن تەۋەلىرىدىن بىر ئادەمنى مەقسەتسىزلا بىر ئۇرۇشى بىلەن ئۆلتۈرۈپ قالغان ئىدى. بۇ قىسسە سۈرە قەسەستە كېلىدۇ.

③ ﴿فُتُونًا﴾ «دُخُولاً» ۋە «خُرُوجاً»گە ئوخشاش سۆزنىڭ تومۇرى، يەنى «اِبْتَلَيْنَاكَ اِبْتِلَاءً» يەنى بىز سېنى ئوبدان سىنىدۇق، ياكى بۇ «فِتْنَةٌ» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولسىمۇ بولىدۇ، خۇددى «حُجْرَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى «حُجُورٌ» ۋە «بَدْرَةٌ»نىڭ «بُدُورٌ» بولغاندەك. يەنى بىز سېنى بىر قانچە قېتىم قايتا-قايتا سىنىدۇق ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە سىناقلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق. مەسىلەن: بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلىدىغان يىلدا سېنى ياراتتۇق، ئاناڭغا سېنى دەرياغا تاشلاشقا ئەمر قىلدۇق، ئاناڭ

كېلىشتىن ئىلگىرى سېنى ئىنىكئانىلارنى ئېمىشتىن توستۇق. سەن پىرئەۋننىڭ ساقلىنى يۇلغانلىقتىن ئۇ سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، سەن بىر قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويغاندا ۋە سەن دۇچ كەلگەن بارلىق قىيىنچىلىق ۋە سىناقلاردا ساڭا ياردەم بېرىپ، مەدەتكار بولۇپ تۇردۇق.

④ يەنى سەن پىرئەۋن قەۋمىدىن بولغان بىر ئادەمنى قەستەنلىك بولماستىن ئۆلتۈرۈپ قويغىنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ مەديەنگە بېرىپ كۆپ يىللار تۇردۇڭ.

⑤ يەنى سەن بۇ يەرگە مەن سېنى پەيغەمبەر قىلىش ۋە مەن بىلەن سۆزلىشىشىڭنى قارار قىلغان ۋە ئۇنى ئەزەلدە تەقدىر قىلغان بىر ۋاقىتتا كەلدىڭ. ياكى ﴿قَدَرٍ﴾ دېگەندىن پەيغەمبەر بولۇش يېشى-قىرىق ياش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۆمۈر بۇ باسقۇچقا يەتكەندە پەيغەمبەر بولۇش شەرتى ھازىرلانغان بولىدۇ. يەنى سەن بۇ يەرگە تەقدىردە بەلگىلىگەن قىرىق ياشقا يەتكەندە كەلدىڭ.

وَٱصۡطَنَعۡتُكَ لِنَفۡسِي ﴿٤١﴾ ٱذۡهَبۡ أَنتَ وَأَخُوكَ بِـَٔايَٰتِي وَلَا تَنِيَا فِي
ذِكۡرِي ﴿٤٢﴾ ٱذۡهَبَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٤٣﴾ فَقُولَا لَهُۥ قَوۡلٗا لَّيِّنٗا
لَّعَلَّهُۥ يَتَذَكَّرُ أَوۡ يَخۡشَىٰ ﴿٤٤﴾ قَالَا رَبَّنَآ إِنَّنَا نَخَافُ أَن يَفۡرُطَ عَلَيۡنَآ
أَوۡ أَن يَطۡغَىٰ ﴿٤٥﴾ قَالَ لَا تَخَافَآۖ إِنَّنِي مَعَكُمَآ أَسۡمَعُ وَأَرَىٰ ﴿٤٦﴾ فَأۡتِيَاهُ
فَقُولَآ إِنَّا رَسُولَا رَبِّكَ فَأَرۡسِلۡ مَعَنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَلَا تُعَذِّبۡهُمۡۖ
قَدۡ جِئۡنَٰكَ بِـَٔايَةٖ مِّن رَّبِّكَۖ وَٱلسَّلَٰمُ عَلَىٰ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلۡهُدَىٰٓ ﴿٤٧﴾

***مەن سېنى ئۆزۈم ئۈچۈن (يەنى ئۆزۈمگە يېقىن قىلىش، پەيغەمبەر قىلىش ئۈچۈن) يېتىشتۈرۈپ چىقتىم [41]. (ئى مۇسا!) سەن ۋە قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنى ياد ئېتىشتە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار① [42]. سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى [43]. ئۇنىڭغا يۇمشاق (سىلىق) سۆز قىلىڭلار②، ئۇ ئەقلىنى تېپىشى (ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى) ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقنىڭ***

***ئاقىۋىتىدىن) قورقىشى مۇمكىن [44]. ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن (بىز پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن) ئۇنىڭ بىزگە ئالدىراپ قول سېلىشىدىن ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى [45]. ئاللاھ ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە، (ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (مۇئامىلىسىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن③ [46]. سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، «بىز ئىككىمىز ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئەمدى ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز بىلەن قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. بىز ساڭا ھەقىقەتەن رەببىڭدىن مۆجىزە ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئامانلىق) بولىدۇ④ [47].***

① بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن مۇھىم ساۋاق بار، ئۇلار ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىپ، زىكىر ئېيتىپ تۇرۇشى لازىم.

② يۇمشاق سۆز قىلىش دەۋەتچىلەر ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى قوپال سۆزنى كىشىلەر ياقتۇرمايدۇ، قوپال ئادەمدىن كىشىلەر قاچىدۇ، ھىدايەتنى قوبۇل قىلىش رىغبىتى بولسىلا، يۇمشاق سۆز، مۇلايىم ئادەمگە يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ.

③ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ نېمە دېگىنىڭلارنى ۋە ئۇنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى مەن ئاڭلاپ تۇرىمەن، ئەھۋالىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن، سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىمەن، ئۇنىڭ ھىيلە-مىكرىنى بەربات قىلىمەن، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئەمدى ئەنسىرىشىڭلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

④ ﴿وَالسَّلٰمُ﴾ بۇ يەردىكى سالام بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا قىلىدىغان سالامى ئەمەس، بەلكى ئامانلىق ۋە نىجاتلىق تەرەپكە قىلىنغان دەۋەتتۇر. مەسىلەن: بۇ جۈملە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپتىكى ئىبارىگە ئوخشايدۇ: «أَسْلِمْ تَسْلَمْ» يەنى مۇسۇلمان بولغىن، ئامان بولىسەن. يەنە مەكتۇپنىڭ بېشىدا مۇنداق يېزىلغان: ﴿وَالسَّلٰمُ عَلٰى مَنِ اتَّبَعَ الْهُدٰى﴾ يەنى «توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشىگە سالام يەنى ئامانلىق بولىدۇ». (تەپسىر ئىبنى كەسىر) دېمەك مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە خەت ئارقىلىق ياكى بىر مەجلىستە سۆز قىلماقچى بولغاندا، مەزكۇر ئىبارە بىلەن سالام قىلىش كېرەك، چۈنكى

سالامنىڭ شەرتى توغرا يولغا ئەگىشىشتۇر.

إِنَّا قَدۡ أُوحِيَ إِلَيۡنَآ أَنَّ ٱلۡعَذَابَ عَلَىٰ مَن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٤٨﴾ قَالَ فَمَن
رَّبُّكُمَا يَٰمُوسَىٰ ﴿٤٩﴾ قَالَ رَبُّنَا ٱلَّذِيٓ أَعۡطَىٰ كُلَّ شَيۡءٍ خَلۡقَهُۥ ثُمَّ
هَدَىٰ ﴿٥٠﴾ قَالَ فَمَا بَالُ ٱلۡقُرُونِ ٱلۡأُولَىٰ ﴿٥١﴾ قَالَ عِلۡمُهَا عِندَ رَبِّي
فِي كِتَٰبٖۖ لَّا يَضِلُّ رَبِّي وَلَا يَنسَى ﴿٥٢﴾

*بىزگە شەكسىز ۋەھيى قىلىندىكى، «ئازاب (ھەقىقەتنى) يالغان دېگەن ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمگە بولىدۇ» دەڭلار» [48]. (ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن: «ئى مۇسا! سىلەرنىڭ رەببىڭلار كىم؟» دېدى [49]. مۇسا ئېيتتى: «بىزنىڭ رەببىمىز ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە خاس) شەكىل (ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت) ئاتا قىلغان، ئاندىن (ھەربىر مەخلۇقنى ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىگەن زاتتۇر»① [50]. پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۇنداقتا، ئۆتۈپ كەتكەن ئۇممەتلەرنىڭ ھالى قانداق؟ (يەنى قانداق بولىدۇ؟)»② [51]. مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات رەببىمنىڭ دەرگاھىدىكى كىتاب (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر. رەببىم خاتالاشمايدۇ ۋە ئۇنتۇمايدۇ③ [52].*

① مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىل ۋە سۈرەت ئاتا قىلغاندەك، جانلىقلارغىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىل ۋە سۈرەت ئاتا قىلدى. «پايدىلىنىش يوللىرىغا يېتەكلىدى ۋە يول كۆرسەتتى» يەنى ھەربىر مەخلۇققا ئۇنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ياشاش، ئوزۇقلىنىش ۋە نەسىل قالدۇرۇش يوللىرىنى كۆرسەتتى. ھەربىر مەخلۇق ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدايدۇ ۋە بۇ ۋاقىتلىق ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇپ ياشايدۇ.

② پىرئەۋن سۆزنىڭ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە بۇراش ئۈچۈن بۇ سوئالنى

سورىدى، يەنى ئىلگىرىكى ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇپ دۇنيادىن كەتكەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟

③ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ دېدى: ئۇلار ھەققىدىكى مەلۇماتنى سەنمۇ بىلمەيسەن، مەنمۇ بىلمەيمەن، ئەمما ئۇنى رەببىم بىلىدۇ، ئۇ مەلۇمات رەببىمنىڭ دەرگاھىدا خاتىرىلەپ قويۇلغان، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنى مۇكاپاتلايدۇ ياكى جازالايدۇ. ئۇنىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر، ھەر قانداق ئىش مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن ئۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ، ئۇ ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. ئەمما مەخلۇقنىڭ ئىلمىدە ھەر ئىككى خىل كەمتۈكلۈك بولىدۇ. بىرىنچىدىن: ئۇنىڭ ئىلمى ھامان چەكلىك ۋە كەمتۈك بولىدۇ، مۇكەممەل بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن: ئۇ بىلگەن نەرسىنى ئۇنتۇيدۇ، مېنىڭ رەببىم مەزكۇر ئىككى كەمتۈكلۈكتىن پاكتۇر. تۆۋەندە ئاللاھنىڭ تېخىمۇ كۆپ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ مَهْدًا وَسَلَكَ لَكُمْ فِيهَا سُبُلًا وَأَنزَلَ
مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّن نَّبَاتٍ شَتَّىٰ ﴿٥٣﴾ كُلُوا۟
وَٱرْعَوْا۟ أَنْعَٰمَكُمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّأُو۟لِى ٱلنُّهَىٰ ﴿٥٤﴾ ۞ مِنْهَا
خَلَقْنَٰكُمْ وَفِيهَا نُعِيدُكُمْ وَمِنْهَا نُخْرِجُكُمْ تَارَةً أُخْرَىٰ ﴿٥٥﴾
وَلَقَدْ أَرَيْنَٰهُ ءَايَٰتِنَا كُلَّهَا فَكَذَّبَ وَأَبَىٰ ﴿٥٦﴾ قَالَ أَجِئْتَنَا لِتُخْرِجَنَا
مِنْ أَرْضِنَا بِسِحْرِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٥٧﴾

*ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەرگەن، سىلەر ئۆتۈپ يوللارنى ئېچىپ بەرگەن، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇنىڭ بىلەن (رەڭدە، شەكىلدە، پۇراقتا ۋە تەمدە) بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى چىقاردۇق» [53]. سىلەر (ئۇلاردىن) يەڭلار ۋە مال چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار① . شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار② [54]. بىز سىلەرنى زېمىندىن ياراتتۇق، (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە*

*ئۇنىڭغا قايتۇرىمىز، (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) سىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن چىقىرىمىز③ [55]. شەكسىزكى، بىز (پىرئەۋنگە) مۆجىزىلىرىمىزنىڭ ھەممە تۈرىنى كۆرسەتكەن ئىدۇق. ئۇ (يەنىلا) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىمان ئېيتىشقا) ئۇنىمىدى [56]. پىرئەۋن ئېيتتى: «ھەي مۇسا! سەن سېھرىڭگە تايىنىپ بىزنى يۇرتىمىزدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟④ [57].*

① يەنى بۇ ھەر خىل نېمەتلەرنىڭ بىر قىسمى سىلەر ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەك، لەززەت ۋە ھالاۋەت بولىدۇ، يەنە بىر قىسمى سىلەرنىڭ مال-چارۋىلىرىڭلار ۋە جانىۋارلىرىڭلار ئۈچۈن ئوزۇق بولىدۇ.

② ﴿النُّهٰى﴾ دېگەن سۆز «نُهْيَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەقىل مەنىسىدە كېلىدۇ. ﴿لِأُولِي النُّهٰى﴾ ئەقىل ئىگىسى دېمەكتۇر. ئەرەبچىدە ئەقىلنى «نُهْيَةٌ» دەپ ئاتىسا، ئەقىل ئىگىسىنى «ذُوْ نُهْيَةٌ» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئاتاشتىكى سەۋەب شۇكى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرى بىلەن مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، ناھايەتكە يېتىدۇ ياكى «يَنْهَوْنَ النَّفْسَ عَنِ الْقَبَائِحِ» ئەقىل نەپسىنى قەبىھ ئىشلاردىن چەكلەپ تۇرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ بەزى ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىتنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، قەبرىگە ئۈچ قېتىم (ئۈچ سىقىم) توپا تاشلاپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ رىۋايەتلەر زەئىپ ھەدىسلەردىن ئېلىنغان، ئايەت ئوقۇماستىن ئۈچ سىقىم توپا تاشلاش ھەققىدىكى ئىبنى ماجەنىڭ رىۋايىتىدە كەلگەن ھەدىس سەھىھدۇر. شۇڭا مېيىتنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئىككى قول بىلەن ئۈچ قېتىم توپا تاشلاشنى ئۆلىمالار مۇستەھەپ دەپ بەلگىلىگەن.) سۇنەنى ئىبنى ماجە 1565-ھەدىس، ئىرۋائۇلغەلىل 3-توم، 200-بەت، 751-ھەدىس)

④ مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ ئالدىدا ھاسىنى تاشلاپ يىلانغا ئايلاندۇرغانلىقىدىن ۋە قولىنى قولتۇقىغا تىقىپ، ئۇنى ئاپئاق نۇرلۇق ھالدا چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت ئاللاھ ئاتا قىلغان روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، پىرئەۋن ئۇنى سېھىر دەپ ئويلاپ، مۇساغا ئەلەيھىسسالامغا: سەن بىزنى سېھرىڭنىڭ كۈچى بىلەن يۇرتىمىزدىن چىقىرىۋەتمەكچىمۇ؟ دېدى.

فَلَنَأۡتِيَنَّكَ بِسِحۡرٖ مِّثۡلِهِۦ فَٱجۡعَلۡ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكَ مَوۡعِدٗا لَّا نُخۡلِفُهُۥ
نَحۡنُ وَلَآ أَنتَ مَكَانٗا سُوٗى ﴿٥٨﴾ قَالَ مَوۡعِدُكُمۡ يَوۡمُ ٱلزِّينَةِ وَأَن
يُحۡشَرَ ٱلنَّاسُ ضُحٗى ﴿٥٩﴾ فَتَوَلَّىٰ فِرۡعَوۡنُ فَجَمَعَ كَيۡدَهُۥ ثُمَّ أَتَىٰ ﴿٦٠﴾
قَالَ لَهُم مُّوسَىٰ وَيۡلَكُمۡ لَا تَفۡتَرُواْ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا فَيُسۡحِتَكُم
بِعَذَابٖۖ وَقَدۡ خَابَ مَنِ ٱفۡتَرَىٰ ﴿٦١﴾ فَتَنَٰزَعُوٓاْ أَمۡرَهُم بَيۡنَهُمۡ وَأَسَرُّواْ
ٱلنَّجۡوَىٰ ﴿٦٢﴾

***(بىلىپ قويغىنكى،) بىزمۇ ساڭا شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇناسىپ جاينى بەلگىلەپ بەرگىن① ، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى، ئۈچرىشىدىغان جايمۇ تۈپتۈز (ئويغۇن) يەر بولسۇن②» [58]. مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولسۇن③ ، كىشىلەر چاشگاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن» [59]. پىرئەۋن قايتىپ كېتىپ ھىيلىسىنى (يەنى سېھىرگەرلىرنى) توپلىدى. ئاندىن ئۇ (ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا) كەلدى④ [60]. مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇماڭلار (يەنى سېھىرگەرلىرنى ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنى دەۋا قىلماڭلار)، ئۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىۋېتىدۇ، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەم چوقۇم مەغلۇب بولىدۇ (زىيان تارتىدۇ)»⑤ [61]. ئۇلار ئۆز ئىشى (يەنى مۇسا ۋە ھارۇننىڭ ئىشى) ئۈستىدە دەتالاش قىلىشتى ۋە قىلغان دەتالاشنى يوشۇرۇشتى⑥ [62].***

① ﴿مَوۡعِدٗا﴾ «ۋەدىلىشىش» دېگەن پېئىلنىڭ تومۇرىدۇر ياكى ئەگەر ئۇنى ئورۇن كېلىش ھەم ۋاقىت كېلىش بولۇپ كەلگەن دەپ ئالغاندا ئۇنىڭدىن زامان ۋە ماكان ھەر ئىككىسى كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ، يەنى يىغىلىدىغان مۇئەييەن بىر جاي ۋە ۋاقىتنى بەلگىلەپ بەرگىن.

② ﴿مَكَانٗا سُوٗى﴾ «تۈپتۈز يەر» يەنى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جاي،

مۇسابىقىنى ھەممە ئادەم ئاسان كۆرەلەيدىغان ياكى ھەر ئىككى تەرەپ ئاسان بارالايدىغان جاي دېمەكتۇر.

③ ئۇنىڭدىن نورۇزغا ئوخشاش يىللىق بايرام ياكى ھەممە ئادەم جەم بولۇپ پائالىيەت قىلىدىغان كۈن مەقسەت قىلىنىدۇ.

④ يەنى پىرئەۋن ھەر قايسى شەھەرلەردىن داڭلىق سېھىرگەرلەرنى توپلاپ، يىغىلىش مەيدانىغا كەلدى.

⑤ پىرئەۋن مەيداندا سېھىرگەرلەرگە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بەسلىشىپ، ئۇنى يېڭىۋالسا، ئۇلارغا كۆپ ئىنئام بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ خاس يېقىنلىرىدىن قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىۋاتقان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلارغا بەسلىشىشتىن بۇرۇن ۋەز-نەسىھەت قىلدى، قارشىلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى.

⑥ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئاز ئىختىلاپ پەيدا بولدى، بەزىلىرى بۇ راستىنلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمۇ نېمە؟ ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى پەيغەمبەرنىڭ سۆزىدەك قىلىدۇ، ھېچ سېھىرگەرلەرنىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدۇ دېسە، يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە پىكىر بايان قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىختىلاپلىق قاراشلىرىنى يوشۇرۇن تۇتۇشتى.

قَالُوٓاْ إِنۡ هَٰذَٰنِ لَسَٰحِرَٰنِ يُرِيدَانِ أَن يُخۡرِجَاكُم مِّنۡ أَرۡضِكُم
بِسِحۡرِهِمَا وَيَذۡهَبَا بِطَرِيقَتِكُمُ ٱلۡمُثۡلَىٰ ﴿٦٣﴾ فَأَجۡمِعُواْ كَيۡدَكُمۡ ثُمَّ
ٱئۡتُواْ صَفّٗاۚ وَقَدۡ أَفۡلَحَ ٱلۡيَوۡمَ مَنِ ٱسۡتَعۡلَىٰ ﴿٦٤﴾ قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ أَن
تُلۡقِيَ وَإِمَّآ أَن نَّكُونَ أَوَّلَ مَنۡ أَلۡقَىٰ ﴿٦٥﴾ قَالَ بَلۡ أَلۡقُواْۖ فَإِذَا
حِبَالُهُمۡ وَعِصِيُّهُمۡ يُخَيَّلُ إِلَيۡهِ مِن سِحۡرِهِمۡ أَنَّهَا تَسۡعَىٰ ﴿٦٦﴾ فَأَوۡجَسَ
فِي نَفۡسِهِۦ خِيفَةٗ مُّوسَىٰ ﴿٦٧﴾

***ئۇلار ئېيتتى: «بۇ ئىككىسى راستتىنلا سېھىرگەر بولۇپ، سېھىر بىلەن سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچى ۋە سىلەرنىڭ ئەڭ***

*توغرا دىننىڭلارنى يوقاتماقچى① [63]. سىلەر ھىيلەڭلارنى (بارلىق سېھىرلىرىڭلارنى) جەملەڭلار (يەنى پۈتۈن چارە ـ تەدبىرلىرىڭلارنى بىر نۇقتىغا يىغىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىڭلار)، ئاندىن (قارىغۇچىلارغا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن مەيدانغا) سەپ تارتىپ كېلىڭلار. بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا ئېرىشىدۇ» [64]. ئۇلار ئېيتتى: «ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن؟ ياكى (ئارغامچا، ھاسىلىرىمىزنى) بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» [65]. مۇسا: «ياق، سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار!» دېدى②. (ئۇلار تاشلىۋىدى) شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئاغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقان (يىلانلار) دەك تۇيۇلدى③ [66]. (بۇنىڭدىن) مۇسا بىردىنلا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى [67].*

① ﴿الْمُثْلَىٰ﴾ دېگەن ﴿بِطَرِيقَتِكُمُ﴾نىڭ سۈپىتى، «أَمْثَلُ»نىڭ مۇئەننەس چىشى جىنسلىق شەكلى بولۇپ، ھەممىدىن ئەۋزەل ۋە ئەڭ توغرا دېگەن مەنىدە. دېمەك ئۇلار: ئەگەر بۇ ئىككى قېرىنداش ئۆزلىرىنىڭ «سېھرىدە» غەلىبە قىلىپ كەتسە، خوجايىنلار ۋە كاتتىباشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، نەتىجىدە بىزنىڭ كۈچىمىز ئاجىزلىشىدۇ، ئۇنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ، يەنە بىزنىڭ «ئەڭ توغرا» يولىمىز ياكى دىنىمىز يوق بولىدۇ، دېيىشتى. دېققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىك قاپلاپ كەتكەن دىنىنى «ئەڭ توغرا» دەپ سۈپەتلىدى. خۇددى بۈگۈنكى ھەرقانداق بىر باتىل دىن ۋە پىرقىگە ئەگىشىدىغانلارمۇ ئەنە شۇنداق خاتا ئىدىيەنى ئۆزىگە دەستەك قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنى ھەممىدىن توغرا دەپ خۇشاللىنىدۇ. ئاللاھ تائالا راست ئېيتقان: ﴿(ئۇلاردىن) ھەر پىرقە ئۆز قارىشى بىلەن خۇشاللىنىدۇ﴾. (سۈرە رۇم 32-ئايەت)

② مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆز سېھىرلىرىنى ئاۋۋال كۆرسىتىشكە يول قويدى. بۇنىڭدىن مەقسەت بىرىنچىدىن: پىرئەۋن يىغىپ كەلگەن بۇ قەدەر كۆپ سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلە-نەيرەڭ ۋە سېھىرلىرىدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش. ئىككىنچىدىن: ئۇلارنىڭ سېھىر ۋە كۆز بوياماچىلىقلىرىنى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلاھىي مۆجىزىنىڭ كۈچى بىلەن يوق قىلىش ئىدى. شۇنداق قىلغاندا بۇ غەلىبىنىڭ تەسىرى

تېخىمۇ زور بولاتتى. ئۇنى كۆرگەن سېھىرگەرلەرمۇ ئامالسىز بۇ سېھىر ئەمەس بەلكى ھەقىقەتەن ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن مۆجىزە ئىكەن، بىر ھاسا بىزنىڭ بارلىق ئارغامچا-ھاسىلىرىمىزنى يۇتۇۋەتتى، دېيىشكە مەجبۇر بولاتتى.

③ قۇرئاننىڭ مەزكۇر ئىبارىلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلارنىڭ ئارغامچا-ھاسىلىرى راست يىلانغا ئايلانمىغان ئىدى. بەلكى سېھىرنىڭ كۈچى بىلەن شۇنداق تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇلار كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە مەپتۇن قىلىش ئارقىلىق مەستخۇش قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ تەسىرىدە قارىغۇچىلارغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ قورقۇنچلۇق بىر ھالەت كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر شەيئىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ئۆزگەرمەيتتى. يەنە بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولدىكى، سېھىر ھەر قانچە يۇقىرى دەرىجىدە بولسىمۇ، بىر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

قُلْنَا لَا تَخَفْ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْأَعْلَىٰ ﴿٦٨﴾ وَأَلْقِ مَا فِى يَمِينِكَ تَلْقَفْ مَا صَنَعُوٓا۟ ۖ إِنَّمَا صَنَعُوا۟ كَيْدُ سَٰحِرٍ ۖ وَلَا يُفْلِحُ ٱلسَّاحِرُ حَيْثُ أَتَىٰ ﴿٦٩﴾ فَأُلْقِىَ ٱلسَّحَرَةُ سُجَّدًا قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا بِرَبِّ هَٰرُونَ وَمُوسَىٰ ﴿٧٠﴾

***بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن! شەكسىزكى، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن① [68]، ئوڭ قولۇڭدىكىنى (ھاسىنى) تاشلىغىنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى (دەم تارتىپ) يۇتۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» [69]. (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ھاسا ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋەتتى) شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر دەرھال سەجدە قىلغان ھالدا (يۈزلىرىچە يەرگە تاشلىنىپ): «ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشتى [70].***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ دەھشەتلىك ھالەتنى كۆرۈپ قورقۇنچ ھېس قىلغان بولسا، بۇ بىر تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، نە پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىگە، نە پاكلىقىغا زىت كەلمەيتتى، چۈنكى پەيغەمبەرمۇ

ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنساندىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەت ۋە خاراكتېرلاردىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەرلەرمۇ باشقا ئىنسانلار يولۇقىدىغان پاجىئەلەرگە يولۇقىدۇ ياكى شۇنداق نەرسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك سېھىرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ يەھۇدىيلار سېھىر قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەسىرىنى بىر ئاز ھېس قىلغان ئىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىگە تەسىر يەتمىگەن. چۈنكى سېھىر پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرنى قوغدايدۇ، سېھىرنىڭ ۋەھيىگە ياكى پەيغەمبەرلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا دەخلى يەتكۈزۈشىگە ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئېھتىمال ئۇ قولىدىكى ھاسىنى تاشلاشتىن بۇرۇن كىشىلەرنىڭ سېھىرگەرلەر كۆرسەتكەن سېھىرگە ئالدىنىپ، ئېزىپ كېتىشىدىن قورققان بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمەن قورقۇنچنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: سېھىرگەرلەر سېھىرنى ئارغامچا ۋە ھاسىلار بىلەن كۆرسەتكەن ئىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىمۇ ھاسا بار ئىدى، ئۇنى يەرگە تاشلىماقچى ئىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئويلاپ قالدىكى، كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلار ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش تۇردىكى سېھىر كۆرسەتتى دەپ قاراپ، سېھىر بىلەن مۆجىزىنىڭ پەرقىنى ئايرىيالماي قالارمۇ؟ ئۇلار كىمنىڭ غالىب ۋە كىمنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئايرىيالماي قالارمۇ؟ مۇھىمى ئۇلارغا سېھىر بىلەن مۆجىزىنىڭ پەرقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك، ئەگەر ئۇلار خاتا چۈشىنىۋالسا، نەتىجە قانداق بولار؟ دەپ ئەندىشە قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەرلەرمۇ بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ قولى بىلەن قايسى تۈردىكى مۆجىزىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۆجىزە كەلتۈرۈشكىمۇ قادىر ئەمەس. بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ، پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق مۆجىزىلەرنى ئاللاھ ئۆزى ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ. ھەر ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالامدىكى بۇ خىل قورقۇنچ ۋە ئەندىشىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئەمر قىلدى. ئى مۇسا! ھەر جەھەتتىن قورقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، سەن چوقۇم غەلىبە قىلىسەن. بۇ ئىبارە ئۇنىڭدىكى تەبىئىي قورقۇنچ ۋە باشقا ئەندىشىلەرنى يوقاتتى، ھەقىقەتتە شۇنداق بولدى، كېيىنكى ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك.

قَالَ ءَامَنتُمۡ لَهُۥ قَبۡلَ أَنۡ ءَاذَنَ لَكُمۡۖ إِنَّهُۥ لَكَبِيرُكُمُ ٱلَّذِي
عَلَّمَكُمُ ٱلسِّحۡرَۖ فَلَأُقَطِّعَنَّ أَيۡدِيَكُمۡ وَأَرۡجُلَكُم مِّنۡ خِلَٰفٖ
وَلَأُصَلِّبَنَّكُمۡ فِي جُذُوعِ ٱلنَّخۡلِ وَلَتَعۡلَمُنَّ أَيُّنَآ أَشَدُّ عَذَابٗا
وَأَبۡقَىٰ ﴿٧١﴾ قَالُواْ لَن نُّؤۡثِرَكَ عَلَىٰ مَا جَآءَنَا مِنَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلَّذِي
فَطَرَنَاۖ فَٱقۡضِ مَآ أَنتَ قَاضٍۖ إِنَّمَا تَقۡضِي هَٰذِهِ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَآ ﴿٧٢﴾

***پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلارمۇ؟ شەكسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىر ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن. ئەمدى چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ - سول قىلىپ كېسىپ تاشلايمەن①، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن، سىلەر (مەن بىلەن مۇسانىڭ رەببىدىن) قايسىمىزنىڭ ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر» [71]. ئۇلار ئېيتتى: «بىز سېنى بىزگە كەلگەن (مۇسانىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق مۆجىزىلەردىن ۋە بىزنى ياراتقان ئاللاھتىن ھەرگىز ئارتۇق كۆرمەيمىز (ئاللاھنى قويۇپ سېنى تاللىمايمىز)②. سەن (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) قانداق ھۆكۈم قىلغۇڭ كەلسە، شۇنداق ھۆكۈم قىلىۋەر!③ سېنىڭ ھۆكمۈڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ [72]. بىز ھەقىقەتەن خاتالىقلىرىمىزنى ۋە سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا سېھىر كۆرسەتكەنلىك گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ رەببىمىزگە شەكسىز ئىمان ئېيتتۇق④، ئاللاھ (مۇكاپاتى) ئەڭ ياخشى، (جازاسى) دائىمي بولغان زاتتۇر»⑤ [73].***

① ﴿مِنۡ خِلَٰفٍ﴾ (تەتۈر، ئوڭ-چەپ) يەنى ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنى، ئوڭ پۇت بىلەن سول قولنى كېسىپ تاشلايمەن.

② ﴿وَٱلَّذِي فَطَرَنَا﴾ دېگەن جۈملە ﴿مَا جَآءَنَا﴾ دېگەن جۈملىگە باغلاپ تەرجىمە قىلىنغان، بۇ تەرجىمىمۇ توغرا. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلَّذِي فَطَرَنَا﴾ نى قەسەم دەپ قارايدۇ. ئۇ چاغدا تەرجىمىسى مۇنداق بولىدۇ: «بىزنى ياراتقان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز سېنى بىزگە كەلگەن (مۇسانىڭ

راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق مۆجىزىلەردىن ھەرگىز ئارتۇق كۆرمەيمىز (يەنى ئاللاھنى قويۇپ سېنى تاللىمايمىز)».

③ يەنى سېنىڭ كۈچۈڭ نېمىگە يەتسە، شۇنى قىلغۇەر! بىز بىلىمىزكى، سېنىڭ ھۆكمۈڭ پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا ئاقىدۇ، بىز ئىمان ئېيتقان ئاللاھنىڭ ھۆكمى دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە ئاقىدۇ. بىز ئۆلگەندىن كېيىن سېنىڭ ھۆكمۈڭ ۋە زۇلمىڭدىن ساقلىنىپ قالىمىز. چۈنكى روھ جىسمىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سېنىڭ كۈچۈڭ ھېچنېمىگە يەتمەيدۇ. ئەگەر بىز رەببىمىزنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلساق، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ رەببىمىزنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ كېتەلمەيمىز، ئۇ بىزگە قاتتىق ئازاب ئەۋەتىشكە قادىردۇر. رەببىگە ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن بىر مۆئمىننىڭ ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك، دۇنيانىڭ باقاسىزلىقى ۋە ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا بولغان ئىشەنچى قانداق بولۇشى كېرەك، ئەقىدە ۋە ئىمان يولىدا كەلگەن كۈلپەتلەرگە قانداق سەۋر قىلىش لازىم، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشتىكى ئىرادە نەقەدەر كۈچلۈك بولۇش كېرەك بولسا، سېھرىگەرلەر بۇ ھەقتە ئەڭ ياخشى ئۈلگە ياراتتى. ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن ئىلگىرى پىرئەۋننىڭ مۇكاپاتى ۋە دۇنيالىق ھوقۇق-مەنسەپ كويىدا بولغان ئىدى. لېكىن ئۇلار ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ھېچبىر تەرغىب ۋە مۇكاپات ئۇلارنىڭ قەدىمىنى بۇرىيالمىدى، نە قاتتىق ئازابلاش تەھدىتلىرى ئۇلارنى ئىماندىن ياندۇرالمىدى.

④ بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇنداق: بىز رەببىمىزگە ئىمان ئېيتتۇق، ئۇ بىزنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت خاتالىقلىرىمىزنىمۇ مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ ئەھۋالدا ﴿وَمَا اَكْرَهْتَنَا﴾ «سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا» دېگەن ئىبارە ﴿خَطٰيٰنَا﴾ «خاتالىقلىرىمىز» گە باغلانغان بولىدۇ.

⑤ بۇ پىرئەۋننىڭ ﴿سىلەر (مەن بىلەن مۇسانىڭ رەببىدىن) قايسىمىزنىڭ ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر﴾ دېگەن سۆزىگە بېرىلگەن جاۋابتۇر. ئى پىرئەۋن! سەن بىزگە قاتتىق ئازاب بىلەن تەھدىت سېلىۋاتىسەن، بىلىپ قالغىنكى، ئاللاھنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئەجىر-ساۋابى سەن بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىلەردىن نەچچە ھەسسە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. يەنى ئاللاھنىڭ (ساۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ ئاللاھنىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن)

دائىمىيدۇر.

إِنَّآ ءَامَنَّا بِرَبِّنَا لِيَغْفِرَ لَنَا خَطَٰيَٰنَا وَمَآ أَكْرَهْتَنَا عَلَيْهِ مِنَ
ٱلسِّحْرِ ۗ وَٱللَّهُ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰٓ ﴿٧٣﴾ إِنَّهُۥ مَن يَأْتِ رَبَّهُۥ مُجْرِمًا فَإِنَّ لَهُۥ
جَهَنَّمَ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحْيَىٰ ﴿٧٤﴾ وَمَن يَأْتِهِۦ مُؤْمِنًا قَدْ عَمِلَ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَأُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلدَّرَجَٰتُ ٱلْعُلَىٰ ﴿٧٥﴾ جَنَّٰتُ عَدْنٍ تَجْرِى
مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ مَن تَزَكَّىٰ ﴿٧٦﴾ وَلَقَدْ
أَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَسْرِ بِعِبَادِى فَٱضْرِبْ لَهُمْ طَرِيقًا فِى ٱلْبَحْرِ
يَبَسًا لَّا تَخَٰفُ دَرَكًا وَلَا تَخْشَىٰ ﴿٧٧﴾

*ھەقىقەت شۇكى، كىمكى رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا گۇناھكار ھالدا بارىدىكەن، ئۇنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يا ئۆلمەيدۇ، ياكى (ئوبدان) ياشىمايدۇ① [74]. كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بىر مۇئمىن ھالىتىدە رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا بارسا، ئەنە شۇلارغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلەر بار [75]. ئۇ (دەرىجىلەر) دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، (قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۇ قالىدۇ، ئەنە شۇ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەمنىڭ مۇكاپاتىدۇر② [76]. شەكسىزكى، بىز مۇساغا: «سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىلەپ (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەتكىن③، (ھاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن④، (پىرئەۋن قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ) يېتىشىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) ئەنسىرىمىگىن»⑤ دەپ ۋەھيي قىلدۇق [77].*

① يەنى ئازابقا چىدالماي ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغان بىلەنمۇ، ئۆلمەيدۇ، كېچە-كۈندۈز ئازابلىنىپ تۇرىدۇ. زەققۇم دەپ ئاتىلىدىغان ئاچچىق دەرەخ ۋە دوزىخىلارنىڭ بەدەنلىرىدىن چىققان قان-يىرىڭلار ئۇلارنىڭ يېمەك-

ئىچمىكى بولىدۇ، بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت؟ (ئى ئاللاھ بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن)

② دوزىخىلار ئەھۋالىنىڭ ئەكسىچە، مۆئمىنلەر بولسا راھەت-پاراغەتلىك جەننەتتە بولىدۇ، بۇ ئايەتتە جەننەتكە كىرىشكە شەرتى توشىدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدى: ئۇلار ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىمان تەقەززا قىلغان شەرتلەرنىمۇ تولۇق ھازىرلايدۇ يەنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئۆزلىرىنى گۇناھتىن پاك تۇتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىمان دېگەن ئاغزىدا بىر نەچچە كەلىمىنى ئېيتىپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئەقىدە بىلەن ئەمەلنىڭ بىرلەشمىسىدۇر.

③ پىرئەۋن ئۆزىمۇ ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغان يا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئازات قىلىشقىمۇ قوشۇلمىغان چاغدا، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇنداق بۇيرۇق چۈشۈردى.

④ بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە شۇئەرادا كېلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇردى، نەتىجىدە دېڭىزدا ماڭىدىغان قۇرۇق يول پەيدا بولدى.

⑤ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قوغلاپ يېتىۋېلىشىدىنمۇ ۋە سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ قورقمىغىن.

فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ بِجُنُودِهِۦ فَغَشِيَهُم مِّنَ ٱلْيَمِّ مَا غَشِيَهُمْ ﴿٧٨﴾ وَأَضَلَّ
فِرْعَوْنُ قَوْمَهُۥ وَمَا هَدَىٰ ﴿٧٩﴾ يَٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ قَدْ أَنجَيْنَٰكُم مِّنْ
عَدُوِّكُمْ وَوَٰعَدْنَٰكُمْ جَانِبَ ٱلطُّورِ ٱلْأَيْمَنَ وَنَزَّلْنَا عَلَيْكُمُ
ٱلْمَنَّ وَٱلسَّلْوَىٰ ﴿٨٠﴾ كُلُوا۟ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقْنَٰكُمْ وَلَا تَطْغَوْا۟ فِيهِ
فَيَحِلَّ عَلَيْكُمْ غَضَبِى ۖ وَمَن يَحْلِلْ عَلَيْهِ غَضَبِى فَقَدْ هَوَىٰ ﴿٨١﴾

*پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋىدى، دېڭىز سۈيى ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى) دەھشەتلىك بىر شەكىلدە ئورىۋالدى (يەنى غەرق قىلىۋەتتى)①* [78]. *پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى ئازدۇردى، ئۇلارنى توغرا يولغا*

***باشلىمىدى② [79]. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن قۇتقۇزدۇق، (مۇناجات ئۈچۈن ۋە مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلىش ئۈچۈن) سىلەرگە (تۇرسىنا تېغى) نىڭ ئوڭ تەرىپىنى (شۇ يەردە ئۇچرىشىشنى) ۋەدە قىلدۇق③، سىلەرگە تەرەنجىۋىل (ھالۋىسى) بىلەن بۆدۈنە (كاۋىپى) نى چۈشۈرۈپ بەردۇق④ [80]. (ئېيتتۇقكى) «بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك - ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، بۇ ھەقتە چەكتىن ئاشماڭلار⑤، ئۇنداق قىلساڭلار سىلەرگە غەزىپىم چۈشىدۇ، مېنىڭ غەزىپىم كىمگە چۈشسە، ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ⑥ [81].***

① يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بۇ قۇرۇق يولغا كىرگەندە، ئاللاھ تائالا دېڭىزغا ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتقىن، دەپ ئەمر قىلدى، شۇ ھامان دېڭىزدىكى قۇرۇق يول سۇ دولقۇنلىرىغا ئايلاندى، پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن سۇغا غەرق بولدى. ﴿فَغَشِيَهُمْ﴾نىڭ مەنىسى «عَلَاهُمْ وَأَصَابَهُمْ» يەنى دېڭىزنىڭ سۈيى ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ كەلدى، ئۇلارنى ئوراپ ئالدى، ﴿مَا غَشِيَهُمْ﴾ بۇ ئۇنىڭ دەھشەتلىك بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەكرارلانغان پېئىل بولۇپ، مەنىسى: دەھشەتلىك بىر ھالەت ئۇلارنى ئورىۋالدى، دەھشەتلىك بىر شەكىلدە ئورىۋالدى دېمەكتۇر.

② چۈنكى دېڭىزغا غەرق بولۇش ئۇنىڭ قىسمىتى ئىدى.

③ ﴿وَعَدْنَٰكُمْ﴾ «سىلەرگە... ۋەدە قىلدۇق» بۇ يەردىكى ئىككىنچى شەخس ئالماشنىڭ كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەنلىكى، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مۇسا بىلەن سۆزلىشىشىمىز ئۈچۈن، مۇسا تۇرسىنا تېغىغا سىلەرنى يەنى سىلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلسۇن، دېگەننى بىلدۈرىدۇ ياكى ئىككىنچى شەخس ئالماشنى كۆپلۈك شەكلىدە كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى، مۇسانى تۇرسىنا تېغىغا چاقىرىش ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىززەتلەش ۋە ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىش ۋە يوليۇرۇق بېرىش ئۈچۈن ئىدى، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

④ ﴿الْمَنَّ وَالسَّلْوَىٰ﴾ تەرەنجىۋىل بىلەن بۆدۈنە چۈشۈرگەن ۋەقە سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى. ﴿الْمَنَّ﴾ «تەرەنجىۋىل (ھالۋىسى)» دېگەن ئاسماندىن چۈشىدىغان رەڭگى ئاق، تاتلىق بىر يېمەكلىك ئىدى. ﴿وَالسَّلْوَىٰ﴾ «بۆدۈنە» ئۇلارنىڭ يېنىغا كۆپ كېلىدىغان بىر قۇش ئىدى،

ئۇلار ئېھتىياجى بويىچە ئۇ قوشنى تۇتۇپ، بوغۇزلايتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ " طُغْيَانٌ " ھەددىدىن ئېشىش دېگەن مەنىدە. يەنى ھالال ۋە رۇخسەت قىلىنغان نەرسىلەرنى تاشلاپ، ھارام ۋە رۇخسەت قىلىنمىغان نەرسىلەرگە ئۆتۈش بىلەن ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار. يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ياكى نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش ياكى نېمەت ئاتا قىلغۇچىغا ئىتائەتسىزلىك قىلىش بىلەن ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار. مەزكۇر قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ھەددىدىن ئاشقانلىق قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭ مەنىسى، ئېھتىياجىدىن ئارتۇق قوش تۇتماڭلار، يەنى قوشلارنى ئېھتىياجىڭلارغا يەتكىدەك تۇتۇڭلار، بۇ ھەقتە چەكتىن ئاشماڭلار، دېمەكتۇر.

⑥ ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇ جەھەننەمدىكى ﴿هَاوِيَةٌ﴾گە ئەڭ چوڭقۇر جايغا كىرىدۇ يەنى جەھەننەمنىڭ ئەڭ ئاستى قىسمىغا كىرىشكە لايىق بولىدۇ.

وَإِنِّي لَغَفَّارٌ لِّمَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا ثُمَّ ٱهْتَدَىٰ ﴿٨٢﴾ ۞ وَمَآ أَعْجَلَكَ عَن قَوْمِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٨٣﴾ قَالَ هُمْ أُوْلَآءِ عَلَىٰٓ أَثَرِي وَعَجِلْتُ إِلَيْكَ رَبِّ لِتَرْضَىٰ ﴿٨٤﴾ قَالَ فَإِنَّا قَدْ فَتَنَّا قَوْمَكَ مِنۢ بَعْدِكَ وَأَضَلَّهُمُ ٱلسَّامِرِيُّ ﴿٨٥﴾

***شەكسىزكى، مەن تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمگە ھەقىقەتەن بەك مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»① [82]. «ئى مۇسا! ئالدىراپ (تۇرسىناغا) قەۋمىڭدىن ئىلگىرى كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېدۇق [83]. مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار مۇ كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ، ئى رەببىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم»② [84]. ئاللاھ ئېيتتى: «سەندىن (يەنى سەن قەۋمىڭنىڭ يېنىدىن كەتكەندىن) كېيىن، بىز قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى»③ [85].***

① ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تۆت ئىشنى قىلىش كېرەك. كۇفرى، شېرىك ۋە گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش، ئىمان ئېيتىش، سالىھ ئەمەل قىلىش، توغرا يولدا ئىزچىل مېڭىش يەنى دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش ھەتتا ئۆلۈم كەلگىچە ئىماندىن قايتماسلىق لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، تەۋبە قىلىپ ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ، كۇفرى-شېرىك يولىنى تاللىسا، ھەتتا كۇفرى ۋە شېرىك ئۈستىدە ئۆلسە، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى ئازابقا لايىق بولىدۇ.

② مۇسا ئەلەيھىسسالام دېڭىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئېلىپ، تۇر تېغى (تۇرسىنا) تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىراق رەببى بىلەن سۆزلىشىش ئىشتىياقىدا ناھايىتى تېز مېڭىپ كەتتى، ھەمراھلىرىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، تۇر تېغىغا ئۆزى يالغۇزلا يېتىپ باردى. ئالدىراپ قەۋمىدىن ئىلگىرى كېلىشىنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارمۇ كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ، ئى رەببىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم﴾. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ﴿ئۇلارمۇ كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ﴾ ئەمەس، بەلكى ئۇلار كەينىمدە تۇرسىناغا ماڭا يېقىن يەردە، مېنىڭ قايتىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېمەكچى.

③ مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا كەتكەندە سامىرى ئىسىملىك بىر كىشى ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى موزايغا ئىبادەت قىلىشقا سالدى. ئاللاھ تائالا تۇر تېغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سامىرىنىڭ قەۋمىنى ئازدۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئاللاھ تائالا ياراتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن سىنىغانلىقنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلدى. بولمىسا، بۇ ئازغۇنلۇقنىڭ سەۋەبكارى پەقەت سامىرى ئىدى. ﴿اَضَلَّهُمُ السَّامِرِيُّ﴾ «ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى» دېگەن ئايەتتىن ئايان بولغاندەك.

فَرَجَعَ مُوسَىٰٓ إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ غَضۡبَٰنَ أَسِفٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَلَمۡ يَعِدۡكُمۡ
رَبُّكُمۡ وَعۡدًا حَسَنًاۚ أَفَطَالَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡعَهۡدُ أَمۡ أَرَدتُّمۡ أَن يَحِلَّ
عَلَيۡكُمۡ غَضَبٞ مِّن رَّبِّكُمۡ فَأَخۡلَفۡتُم مَّوۡعِدِي ٨٦ قَالُواْ مَآ
أَخۡلَفۡنَا مَوۡعِدَكَ بِمَلۡكِنَا وَلَٰكِنَّا حُمِّلۡنَآ أَوۡزَارٗا مِّن زِينَةِ ٱلۡقَوۡمِ

فَقَذَفۡنَٰهَا فَكَذَٰلِكَ أَلۡقَى ٱلسَّامِرِيُّ ﴿٨٧﴾ فَأَخۡرَجَ لَهُمۡ عِجۡلٗا جَسَدٗا لَّهُۥ خُوَارٞ فَقَالُواْ هَٰذَآ إِلَٰهُكُمۡ وَإِلَٰهُ مُوسَىٰ فَنَسِيَ ﴿٨٨﴾

***مۇسا (بۇنى ئاڭلاپ) قەۋمىنىڭ يېنىغا غەزەپلەنگەن، ئەپسۇسلانغان ھالدا قايتىپ كەلدى، ئۇ ئېيتتى:«ئى قەۋمىم! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟① (سىلەر ئەھدىنى ئۇنتۇغۇدەك بۇنىڭغا) شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ كەتتىمۇ؟② ياكى سىلەر ئۆزۈڭلارغا رەببىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشۈشىنى خالىغانلىقتىن، شۇڭا ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟»③ [86]. ئۇلار ئېيتتى: «ساڭا بەرگەن ۋەدىگە بىز ئۆزلۈكىمىزدىن خىلاپلىق قىلغىنىمىز يوق④، لېكىن بىزگە (پىرئەۋن) قەۋمىنىڭ زىنىنەت بويۇملىرىدىن زور مىقداردا يۈكلەنگەن ئىدى، (سامىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە) ئۇلارنى (ئوتقا) تاشلىدۇق، سامىرىمۇ تاشلىدى» [87]. سامىرى (ئېرىتىلگەن زىنىنەت بۇيۇملىرىدىن) ئۇلار ئۈچۈن (يەنى قەۋمى ئۈچۈن) ئىچىدىن مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقىدىغان بىر موزاي ھەيكىلى ياساپ چىقتى. ئۇلار (يەنى سامىرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى): «بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر، مۇسانىڭمۇ ئىلاھىدۇر⑤. مۇسا (بۇنى) ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېدى [88].***

① بۇ يەردىكى «چىرايلىق ۋەدە» دېگەندىن ئەگەر ئۇلار دىنىدا مۇستەھكەم تۇرسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا جەننەت ياكى غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياكى ئۇنىڭدىن تەۋرات ئاتا قىلىش ۋەدىسى مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇلار تۇر تېغىغا مۇشۇ سەۋەبتىن چاقىرىلغان ئىدى.

② بۇ ئەھدىنى ئۇنتۇغۇدەك ئۇزۇن زامان ئۆتۈپ كەتمىگەن تۇرسا، موزايغا چوقۇنۇشقا باشلىدىڭلارمۇ؟

③ قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇ تۇر تېغىدىن قايتىپ كەلگىچە ئاللاھقا ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن ئىدى. يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار: بىزمۇ سېنىڭ ئارقاڭدىن تۇر تېغىغا بارىمىز، دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى، لېكىن ئۇلار يول ئۈستىدە

توختاپلا، موزايغا چوقۇنۇشقا باشلىدى.

④ يەنى بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن بۇ ئىشنى قىلغان ئەمەس، بەلكى بۇ خاتالىق بىزدىن ئاماللىسىزلىقتىن سادىر بولۇپ قالدى، دېدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىدۇ.

⑤ ﴿زِينَةِ﴾ دېگەندىن زىننەت بويۇملىرى ﴿الْقَوْمِ﴾ دېگەندىن پىرئەۋننىڭ قەۋمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار بۇ زىننەت بويۇملىرىنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن ئارىيەت ئالغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ نەرسىلەرنى «وِزْرٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى ﴿أَوْزَارًا﴾ (يۈكلەر) دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئۇ زىننەت بويۇملىرىنى ئىشلىتىش ئۇلارغا جايىز بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇشبۇ زىننەت بويۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ئورەككە تاپلىدى. سامىرىي (بىر قىسىم گۇمراھ پىرقىلەرگە ئوخشاش) بىر گۇمراھ كىشى ئىدى، ئاندىن ئۇ مەزكۇر ئورەككە جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن ئېلىۋالغان بىر ئۇچۇم توپىنى چاچتى. ئاندىن ئۇ زىننەت بويۇملىرىنى ئېرىتىپ، بىر موزاينىڭ ھەيكىلىنى ياسىدى، موزاينىڭ ئىچىگە كىرگەن ۋە چىققان ھاۋانىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭدىن بىر خىل ئاۋاز چىقاتتى، سامىرى بۇ ئاۋاز بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئازدۇردى. ئۇ كىشىلەرگە: مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلمەستىن ئاللاھ بىلەن كۆرۈشمەن دەپ تۇرسىناغا كەتتى. ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھى بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، دېدى.

أَفَلَا يَرَوْنَ أَلَّا يَرْجِعُ إِلَيْهِمْ قَوْلًا وَلَا يَمْلِكُ لَهُمْ ضَرًّا وَلَا نَفْعًا ﴿٨٩﴾
وَلَقَدْ قَالَ لَهُمْ هَٰرُونُ مِن قَبْلُ يَٰقَوْمِ إِنَّمَا فُتِنتُم بِهِۦ ۖ وَإِنَّ
رَبَّكُمُ ٱلرَّحْمَٰنُ فَٱتَّبِعُونِى وَأَطِيعُوٓا۟ أَمْرِى ﴿٩٠﴾ قَالُوا۟ لَن نَّبْرَحَ
عَلَيْهِ عَٰكِفِينَ حَتَّىٰ يَرْجِعَ إِلَيْنَا مُوسَىٰ ﴿٩١﴾ قَالَ يَٰهَٰرُونُ مَا
مَنَعَكَ إِذْ رَأَيْتَهُمْ ضَلُّوٓا۟ ﴿٩٢﴾ أَلَّا تَتَّبِعَنِ ۖ أَفَعَصَيْتَ أَمْرِى ﴿٩٣﴾

***ئۇلار ئۇ موزاينىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟① [89]. شەكسىزكى، ھارۇن ئۇلارغا (مۇسا قايتىپ كېلىشتىن) بۇرۇن: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۇ (موزاي ھەيكىلى) بىلەن سىنالدىڭلار، شەكسىزكى،***

*سىلەرنىڭ رەببىڭلار رەھمان ئاللاھتۇر، ماڭا ئەگىشىڭلار، (موزايغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىش بىلەن) بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېگەن ئىدى② [90]. ئۇلار: «مۇسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋېرىمىز» دېيىشتى③ [91]. مۇسا (قايتىپ كېلىپ) ئېيتتى: «ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا، ماڭا ئەگىشىشىڭگە (كەينىمدىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىشىڭگە) نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟»④ [92 ـ 93].*

① ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ جاھىللىق ۋە نادانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ئەقلى كور بولغانلار موزاينىڭ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقى، ئۇلارغا پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەسلىكىدەك كىچىك ئىشنىمۇ بىلمەمدۇ؟ ۋەھالەنكى، مەبۇد دېگەن ھەربىر شەخسنىڭ پەريادىنى ئاڭلاشقا، پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە ۋە ھاجەتلەرنى راۋا قىلىشقا قادىر بولىدۇ.

② ھارۇن ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى قەۋمى سامىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ، موزايغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىغاندا دېگەن ئىدى.

③ ئىسرائىل ئەۋلادىغا بۇ موزايچاق شۇ قەدەر ياراپ كەتتىكى، ئۇلار ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي، موزاينى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن يانغىلى ئۇنىمىدى.

④ يەنى ئۇلار سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمىغان چاغدا، دەرھال مېنىڭ كەينىمدىن تۇر تېغىغا بېرىپ ئەھۋالنى ماڭا خەۋەر قىلىشىڭ لازىم ئىدى، سەنمۇ مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا پەرۋا قىلماپسەن يەنى مۇئاۋىن پەيغەمبەرلىك مەسئۇلىيىتىڭنى توغرا ئادا قىلماپسەن.

قَالَ يَبْنَؤُمَّ لَا تَأْخُذْ بِلِحْيَتِي وَلَا بِرَأْسِيٓ إِنِّي خَشِيتُ أَن تَقُولَ فَرَّقْتَ بَيْنَ بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَلَمْ تَرْقُبْ قَوْلِي ﴿٩٤﴾ قَالَ فَمَا خَطْبُكَ يَٰسَٰمِرِيُّ ﴿٩٥﴾ قَالَ بَصُرْتُ بِمَا لَمْ يَبْصُرُواْ بِهِۦ فَقَبَضْتُ قَبْضَةً مِّنْ أَثَرِ ٱلرَّسُولِ فَنَبَذْتُهَا وَكَذَٰلِكَ سَوَّلَتْ لِي نَفْسِي ﴿٩٦﴾

***ھارۇن ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن①، مەن راستتىنلا سېنىڭ مېنى ‹سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، مېنىڭ سۆزۈمگە رىئايە قىلماپسەن› دېيىشىڭدىن قورقتۇم»② [94]. مۇسا ئېيتتى: «ئى سامىرى! سېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى غەرىزىڭ نېمە؟» [95]. سامىرى ئېيتتى: «مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئەلچى (جىبرىل) نىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم ـ دە، ئۇنى (موزايغا) چاچتىم، (ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقتى)③، مۇشۇنداق قىلىشنى ماڭا نەپسىم چىرايلىق كۆرسەتتى» [96].***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئېغىر ئازغۇنلۇقتا كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە بۇ ئىشنى ئۆزى ئورۇنباسار قىلىپ قويۇپ كەتكەن قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇسلۇق قىلغانلىقىدىن بولغان دەپ قارىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاچچىقىدا ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلى ۋە بېشىدىن تۇتۇپ قاتتىق سوراق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بۇنداق قاتتىق مۇئامىلە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

② سۈرە ئەئرافتا ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى مۇنداق نەقىل قىلىندى: ﴿ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى دۈشمەنلەرگە تاماشا قىلىپ بەرمىگىن؟ مېنى زالىم قەۋم (يەنى موزايغا چوقۇنغانلار) قاتارىدا سانىمىغىن﴾. (سۈرە ئەئراف 150-ئايەت) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان، ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى شېرىك ئەمەلدىن چەكلەشتە ھەرگىز بوشاڭلىق قىلمىغان ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ مەسىلىنىڭ چوڭىيىپ ئىچكى ئۇرۇش پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىدى. چۈنكى ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بىلەن قارشى تۇرغۇچىلار ئارىسىدا قانلىق توقۇنۇش پەيدا بولاتتى، نەتىجىدە ئىسرائىل ئەۋلادى بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدىغان ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى بۇ يەردە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەزىيەتنىڭ نازۇك تەرەپلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى بوشاڭلىق قىلدىڭ، دەپ ئەيىبلىگەن ئىدى. مەسىلىنىڭ سەۋەبى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام

ھەقىقىي جىنايەتچى تەرەپكە يۈزلەندى. شۇ ۋەجىدىن (بەزىلەر قىلغاندەك) بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى ساقلاپ قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، شېرىك ئەمەللەر ۋە باتىل ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش توغرا ئەمەس، چۈنكى ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ سۆزىدىنمۇ ئۇنداق مەنە چىقمايدۇ.

③ كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى ﴿الرَّسُولِ﴾ «ئەلچى» دېگەندىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام مەقسەت قىلىنغان دەپ قارايدۇ. دېمەك سامىرى جىبرىل ئەلەيھىسسالام مىنگەن ئاتنىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالغان ۋە ئۇنى ساقلاپ قويغان ئىدى، ئۇنىڭدا بىر خىل مۆجىزە ۋە خاسىيەت بار ئىدى. ئۇ بۇ توپىنى ئېرىتىلگەن زىننەت بۇيۇملىرى ياكى موزاينىڭ ئۈستىگە چاچقاندا، موزايدىن بىر خىل ئاۋاز چىقىشقا باشلىغان ۋە كىشىلەرنى ئازدۇرۇشقا سەۋەب بولغان ئىدى.

قَالَ فَٱذْهَبْ فَإِنَّ لَكَ فِى ٱلْحَيَوٰةِ أَن تَقُولَ لَا مِسَاسَ ۖ وَإِنَّ لَكَ
مَوْعِدًا لَّن تُخْلَفَهُۥ ۖ وَٱنظُرْ إِلَىٰٓ إِلَـٰهِكَ ٱلَّذِى ظَلْتَ عَلَيْهِ عَاكِفًا ۖ
لَّنُحَرِّقَنَّهُۥ ثُمَّ لَنَنسِفَنَّهُۥ فِى ٱلْيَمِّ نَسْفًا ﴿٩٧﴾ إِنَّمَآ إِلَـٰهُكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى
لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ وَسِعَ كُلَّ شَىْءٍ عِلْمًا ﴿٩٨﴾ كَذَٰلِكَ نَقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ
أَنۢبَآءِ مَا قَدْ سَبَقَ ۚ وَقَدْ ءَاتَيْنَـٰكَ مِن لَّدُنَّا ذِكْرًا ﴿٩٩﴾ مَّنْ أَعْرَضَ
عَنْهُ فَإِنَّهُۥ يَحْمِلُ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ وِزْرًا ﴿١٠٠﴾

***مۇسا (سامىرىغا) ئېيتتى: «ئۇنداقتا، سەن كەت! چۈنكى ھاياتى دۇنيادا ساڭا بېرىلىدىغان جازا (ئۇچراشقانلا كىشىگە) ‹ماڭا تەگمەڭلار!› دېيىشىڭدىن ئىبارەت بولىدۇ① (يەنى سېنىڭ كىشىگە يېقىنلاشماسلىقىڭ، كىشىنىڭ ساڭا يېقىنلاشماسلىقى بۇ دۇنيادا ساڭا بېرىلگەن جازادۇر)، شۈبھىسىزكى (ئاخىرەتتە جازالىنىدىغان) مۇئەييەن بىر ۋاقتىڭ بار، ئۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىنمايدۇ②. سەن ھامان چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلاھىڭغا قارىغىن، بىز ئۇنى چوقۇم كۆيدۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ (كۈلىنى) دېڭىزغا سورۇۋېتىمىز»③ [97]. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت ئاللاھتۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا***

***ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر [98]. (ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆتكەنكىلەرنىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى مانا مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز④، شەكسىزكى، بىز ساڭا دەرگاھىمىزدىن قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق⑤ [99]. كىمكى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن⑥، ئۇ چوقۇم قىيامەت كۈنى (چوڭ گۇناھتىن ئىبارەت) ئېغىر بىر يۈكنى كۆتۈرىدۇ⑦ [100].***

① يەنى ئۆمۈر بويى كىشىلەرگە «ماڭا يېقىنلاشماڭلار! مەندىن يىراق تۇرۇڭلار! مېنى تۇتماڭلار!» دەپ ياشايسەن. شۇندىن كېيىن كىم ئۇنى تۇتسا، تۇتقان كىشىمۇ ۋە سامىرىمۇ قىزىتما بولۇپ قالاتتى، شۇڭا ئۇ كىمنى كۆرسە، دەرھال ئۇنىڭغا: مېنى تۇتما! دەپ ۋارقىرايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ، جاڭگالغا كىرىپ كەتكەن، ئۇ يەردە ھايۋانلار بىلەن ھايات كەچۈرگەن. دېمەك ئۇ كىشىلەرگە ئىبرەت بولۇپ قالغان. كىمكى كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكەن بولسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازامۇ شۇنچىلىك ئېغىر ۋە ئىبرەتلىك بولىدۇ.

② يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ئاخىرەتنىڭ ئازابىنىمۇ ھەر ھالەتتە تېتىماي قالمايسەن.

③ بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، شېرىكنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش كېرەك. ھەتتا ئۇ ھەر قانچە ئۇلۇغ زاتلارغا مەنسۇپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نام-نىشانىنى قالدۇرماي ئۆچۈرۈش لازىم. ئۇنداق قىلىش بەزى بىدئەتچى، قەبرىگە چوقۇنغۇچىلار ئېيتقاندەك ئۇلۇغ زاتلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولمايدۇ ئەلۋەتتە. بەلكى بۇ تەۋھىدنىڭ ئاساسىنى ۋە دىنىنى قوغداش تەقەززا قىلىدىغان مەجبۇرىيەتتۇر. بۇ ۋەقەدە «ئەلچىنىڭ قەدەم ئىزى» غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلمىدى. گەرچە ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن بىر خىل روھانىي بەرىكەت چىقىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا دىققەت بېرىلمىدى، چۈنكى ئۇ شېرىككە ۋاستە بولۇپ قالغان ئىدى.

④ يەنى بىز ساڭا مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بەرگىنىمىزدەك، بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سەن ئۇلاردىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىدىكى ئىبرەتلىك نۇقتىلارنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ

بىرىسەن، شۇنداق قىلساڭ، كىشىلەر ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ھەق يول ۋە توغرا ئېتىقادنى تاللايدۇ.

⑤ ﴿ذِكۡرًا﴾ دېگەندىن قۇرئان كەرىم مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەندىلەر رەببىنى ياد ئېتىدۇ، ھىدايەت يولىنى تاللايدۇ، ئۇنىڭدىن نىجاتلىق ۋە سائادەتكە يول تاپىدۇ.

⑥ يەنى كىمكى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمەيدىكەن ۋە ئۇنىڭدا كەلگەن يوليورۇقلارغا ئەمەل قىلمايدىكەن.

⑦ يەنى چوڭ گۇناھتىن ئىبارەت ئېغىر بىر يۈكنى شۇنىڭ ئۈچۈن كۆتۈرىدۇكى، ئۇنىڭ نامە-ئەمالى ياخشىلىقتىن خالىي ۋە يامانلىقلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولىدۇ.

خَٰلِدِينَ فِيهِۖ وَسَآءَ لَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ حِمۡلٗا ﴿١٠١﴾ يَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِۚ
وَنَحۡشُرُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ يَوۡمَئِذٖ زُرۡقٗا ﴿١٠٢﴾ يَتَخَٰفَتُونَ بَيۡنَهُمۡ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا
عَشۡرٗا ﴿١٠٣﴾ نَّحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَا يَقُولُونَ إِذۡ يَقُولُ أَمۡثَلُهُمۡ طَرِيقَةً إِن
لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا يَوۡمٗا ﴿١٠٤﴾ وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡجِبَالِ فَقُلۡ يَنسِفُهَا رَبِّي نَسۡفٗا ﴿١٠٥﴾
فَيَذَرُهَا قَاعٗا صَفۡصَفٗا ﴿١٠٦﴾ لَّا تَرَىٰ فِيهَا عِوَجٗا وَلَآ أَمۡتٗا ﴿١٠٧﴾

*ئۇلار (ئۇنىڭ ئاستىدا) مەڭگۈ قالىدۇ①، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن بۇ يۈك نېمىدېگەن يامان! [101]. ئۇ كۈندە سۇر (ئىككىنچى قېتىم) چېلىنىدۇ②، بۇ كۈندە گۇناھكارلارنى كۆك كۆز (قارا يۈزلۈك) ھالەتتە (ھېساب مەيدانىغا) يىغىمىز [102]. (قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن دۇنيادا تۇرغان ۋاقتى قىسقا تۇيۇلۇپ كېتىپ) ئۇلار بىر - بىرىگە «(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈنلا تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ③ [103]. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنىمۇ: «سىلەر پەقەت بىر كۈنلا تۇردۇڭلار» دەيدۇ④ [104]. ئۇلار سەندىن (قىيامەت كۈنى) تاغلار )نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «رەببىم ئۇلارنى توزۇتۇپ سورۇيدۇ [105]. ئاندىن*

*(ئۇلارنىڭ ئورنىنى) تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ [106]. سەن ئۇ تۈزلەڭلىكتە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن» [107].*

① ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمايدۇ، نە قېچىپ كېتەلمەيدۇ. يەنى ئۇلار گۇناھلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن ئازابنى مەڭگۈ تارتىدۇ.

② ﴿الصُّورِ﴾ دېگەندىن (مۈڭگۈز) يەنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن چالىدىغان سۇر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، سۇر چېلىنغان ھامان قىيامەت قايىم بولىدۇ. (مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 192-بەت) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سۇرنىڭ ئىگىسى (يەنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام) سۇرنى چېلىش ئۈچۈن ئاغزىغا ئېلىپ، پەسكە قاراپ، ئاللاھتىن رۇخسەت بېرىلىشىنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، رۇخسەت بېرىلگەن ھامان سۇرنى چالىدۇ». (سۈنەنى تىرمىزى 2431-ھەدىس) ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بىرىنچى قېتىم سۇرنى چالغاندا بارلىق مەخلۇقات ئۆلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم چالغاندا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھەممە جانلىق تىرىلىپ، مەھشەر مەيدانىغا جەم بولىدۇ. بۇ ئايەتتە سۇرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چېلىنىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

③ ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بىر-بىرى بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا گەپلىشىدۇ.

④ يەنى ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى ھەممىدىن ئەقىللىق، ئاڭلىق ۋە توغرا سۆزلەيدىغىنى شۇنداق دەيدۇ. دېمەك دۇنيا ھاياتى ئۇلارغا بىر نەچچە كۈندەك بەلكى بىر-ئىككى سائەت ياشىغاندەكلا بىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە مۇشرىكلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ﴾. (سۈرە رۇم 55-ئايەت) بۇ نۇقتا قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە ئايەتلەردە بايان قىلىنغان. مەسىلەن: (سۈرە فاتىر 34-ئايەت، سۈرە مۇئمىنۇن 114-112-ئايەتلەر ۋە سۈرە نازىئات 46-ئايەت ۋە باشقىلار). بۇنى بايان قىلىشتىن مەقسەت، پانىي دۇنيا ھاياتىنى مەڭگۈلۈك ھاياتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويماڭلار، دېمەكتۇر.

يَوۡمَئِذٖ يَتَّبِعُونَ ٱلدَّاعِيَ لَا عِوَجَ لَهُۥۖ وَخَشَعَتِ ٱلۡأَصۡوَاتُ لِلرَّحۡمَٰنِ
فَلَا تَسۡمَعُ إِلَّا هَمۡسٗا ﴿١٠٨﴾ يَوۡمَئِذٖ لَّا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ إِلَّا مَنۡ أَذِنَ لَهُ
ٱلرَّحۡمَٰنُ وَرَضِيَ لَهُۥ قَوۡلٗا ﴿١٠٩﴾ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡ
وَلَا يُحِيطُونَ بِهِۦ عِلۡمٗا ﴿١١٠﴾

***بۇ كۈندە ئىنسانلار بىر چاقىرغۇچىغا (ئىسرافىلغا) ئەگىشىپ ماڭىدۇ①، قىڭغىر كەتمەيدۇ②، رەھمان ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلىشىشتىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن③ [108]. بۇ كۈندە رەھمان ئاللاھ رۇخسەت بەرگەن ۋە سۆزىدىن رازى بولغان ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ④ [109]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى (يەنى ئۆتمۈشلىرىنى ۋە كېلەچەكلىرىنى) بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ⑤ [110].***

① يەنى ئۇ كۈنى زېمىندا نە ئېگىز دۆڭ، نە تاغ، نە ۋادى، نە ئاسمان-پەلەك بىنالار قالمايدۇ، ھەممىسى تەكشى تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدۇ، دېڭىزلار ۋە دەريالار قۇرۇپ كېتىدۇ. پۈتۈن يەر يۈزى ھېچ نەرسە يوق بىر مەيدانغا ئوخشاپ قالىدۇ، شۇ چاغدا بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، ھەممە كىشىلەر شۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەيدۇ، يەنى چاقىرغۇچى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ.

② يەنى چاقىرغۇچى چاقىرغان تەرەپتىن باشقا تەرەپكە ماڭمايدۇ.

③ يەنى پۈتۈن جاھاننى جىمجىتلىق قاپلايدۇ، ئاياغ تېۋىشلىرى ۋە پىچىرلىشىشلاردىن باشقىسى ئاڭلانمايدۇ.

④ ئۇ كۈندە بىر كىمنىڭ شاپائىتى يەنە بىر كىمگە پايدا بەرمەيدۇ، پەقەت رەھمان ئاللاھ رۇخسەت قىلغان كىشىلا شاپائەت قىلالايدۇ، ئۇ كىشىمۇ ھەر قانداق ئادەمنى شاپائەت قىلالمايدۇ، پەقەت ئاللاھ خالىغان كىشىلەرنىلا شاپائەت قىلالايدۇ. ئۇنداقتا شاپائەتكە لايىق بولىدىغانلار قانداق كىشىلەر؟ ئۇلار پەقەت تەۋھىد ئەھلى بولۇپ، شېرىك ئەمەللەردىن يىراق تۇرغانلاردۇر. بۇ نۇقتا قۇرئان كەرىمدە كۆپ ئايەتلەردە بايان

قىلىنغان. مەسىلەن: سۈرە نەجم 26-ئايەت، سۈرە ئەنبىيا 28-ئايەت، سۈرە سەبەئ 23-ئايەت، سۈرە نەبە 38-ئايەت ۋە سۈرە بەقەرەدىكى ئايەتەلكۇرسى قاتارلىقلار.

⑤ ئالدىنقى ئايەتتە شاپائەتنىڭ شەرتى بايان قىلىنغان ئىدى، بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ سەۋەبى بايان قىلىندى. چۈنكى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كىمنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. كىمنىڭ جىنايىتى قانچىلىك، ئۇ شاپائەتكە لايىقمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ كىم پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش شەرتىگە چۈشىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئاللاھ ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئۇنى بىلىشكە قادىر ئەمەس. چۈنكى ھەر شەخسنىڭ گۇناھىنىڭ تۈرىنى ۋە قانداق سادىر قىلغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ ھەم بىلەلمەيدۇ.

۞ وَعَنَتِ ٱلۡوُجُوهُ لِلۡحَيِّ ٱلۡقَيُّومِۖ وَقَدۡ خَابَ مَنۡ حَمَلَ ظُلۡمٗا ﴿١١١﴾
وَمَن يَعۡمَلۡ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَلَا يَخَافُ ظُلۡمٗا وَلَا
هَضۡمٗا ﴿١١٢﴾ وَكَذَٰلِكَ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَانًا عَرَبِيّٗا وَصَرَّفۡنَا فِيهِ مِنَ
ٱلۡوَعِيدِ لَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ أَوۡ يُحۡدِثُ لَهُمۡ ذِكۡرٗا ﴿١١٣﴾ فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ ٱلۡمَلِكُ
ٱلۡحَقُّۗ وَلَا تَعۡجَلۡ بِٱلۡقُرۡءَانِ مِن قَبۡلِ أَن يُقۡضَىٰٓ إِلَيۡكَ وَحۡيُهُۥۖ

*بارلىق يۈزلەر (يەنى بەندىلەر) مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى مەڭگۈ ھايات ئاللاھ ئۈچۈن ئېگىلىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ① [111]. مۆئمىن بولغان ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار (گۇناھىنىڭ) كۆپىيىپ كېتىشىدىن ۋە (ساۋابىنىڭ) كېمىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ② [112]. بىز شۇنىڭدەك، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) ساقلانسۇن③ ياكى ئۇلاردا (نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغان) ئاڭ - پىكىر پەيدا بولسۇن④ دەپ، بۇ قۇرئاننى ساپ ئەرەبچە نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق [113]. ئاللاھ (زاتى، سۈپىتى جەھەتتە بارلىق مەخلۇقاتتىن) ئۈستۈندۇر، ھەق پادىشاھتۇر⑤،*

***(ئى پەيغەمبەر!) قۇرئاننىڭ ساڭا ۋەھيي قىلىنىۋاتقان قىسمى تولۇق نازىل قىلىنىپ بولمىغۇچە ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن⑥ .***

① چۈنكى ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا مۇكەممەل ئادالەت بەرپا قىلىدۇ، ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىدۇ، ھەتتا بىر مۈڭگۈزلۈك قوي يەنە بىر مۈڭگۈزسىز قوينى ئۈسۈپ زۇلۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىدۇ. (سەھىھ مۇسلىم 2582-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 235-بەت) شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى چوقۇم قايتۇرۇڭلار». بولمىسا، قىيامەت كۈنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىسىلەر. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «زۇلۇم قىلىشتىن يىراق تۇرۇڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىيامەت كۈنى زۇلمەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ، (يەنى دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇققا دۇچار قىلىدۇ)». ئۇ يەردە ھەممىدىن كۆپ زىيان تارتقۇچى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن كىشى بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر، ھەم ئەپۇ قىلىنمايدىغان گۇناھتۇر.

② «(گۇناھىنىڭ) كۆپىيىپ كېتىشى» شۇكى، بىر ئادەمگە باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئارتىپ قويۇش. «(ساۋابىنىڭ) كېمىيىپ كېتىشى» شۇكى، ياخشى ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى كېمەيتىۋېتىش. دېمەك قىيامەت كۈنى ھەر ئىككى خىل زۇلۇم بولمايدۇ.

③ يەنى ئىنسانلار پەرھىزكار بولۇپ، گۇناھتىن، ھارامدىن ۋە يامان ئىشلاردىن قول ئۈزسۇن دەپ قۇرئاندا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق.

④ يەنى ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشقا ھېرىسمەنلىك پەيدا بولسۇن دەپ. يەنە بىر مەنىسى: ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالىدىغان، ئاڭ-پىكىر ۋە قىزغىنلىق پەيدا بولسۇن دەپ، قۇرئاندا ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ھەر خىل شەكىلدە بايان قىلدۇق.

⑤ يەنى ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، تەھدىت-ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمۇ ھەقتۇر، جەننەت-دوزاخمۇ ھەقتۇر، ئۇنىڭ ھەممە سۆزى ھەقتۇر.

⑥ جىبرىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيي ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن بىر كەلىمىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي تولۇق يادلىۋېلىش ئۈچۈن، جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن تەڭ تېز-تېز ئوقۇيتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇنداق قىلىشتىن چەكلىدى. ئاۋۋال ۋەھيىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ھەمدە ئۇنى ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ بېرىش ۋە قەلبىڭگە ئورۇنلاشتۇرۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر، دېدى. بۇنىڭ ئىزاھاتى سۈرە قىيامەتتە بايان قىلىندۇ.

وَقُل رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا ﴿١١٤﴾ وَلَقَدْ عَهِدْنَآ إِلَىٰٓ ءَادَمَ مِن قَبْلُ فَنَسِيَ وَلَمْ نَجِدْ لَهُۥ عَزْمًا ﴿١١٥﴾ وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُوا۟ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ أَبَىٰ ﴿١١٦﴾

***«ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن① [114]. ئىلگىرى بىز ئادەمگە (مەلۇم دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلغان ئىدۇق، ئۇ بۇنى يادىدىن چىقاردى، بىز ئۇنىڭدا مۇستەھكەم ئىرادە كۆرمىدۇق② [115]. ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېگەنىدۇق، ئۇلار سەجدە قىلدى، لېكىن ئىبلىس سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىدى [116].***

① يەنى ئاللاھتىن ئىلمىڭنى زىيادە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرغىن. بۇ ئايەتتە ئۆلىمالار ئۈچۈنمۇ شۇنداق تەلىمات باركى، ئۇلار پەتىۋا بېرىشتىن ئىلگىرى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئالدىراپ پەتىۋا چىقارماسلىق ۋە ھەر جەھەتتىن ئىلمىنى ئاشۇرۇپ تۇرۇش لازىم. بۇ يەردىكى ئىلىمدىن قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۆزى قۇرئان كەرىمدە ئىلىم دەپ ئاتالغان. ئۇ ئىلىمنى ھاسىل قىلغانلار ئۆلىما دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسان تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ھاسىل قىلىدىغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى ھۈنەر-كەسىپ، سانائەت ۋە

تېخنىكىدىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلىگەن ئىلىم ۋەھيى ئىلمىدۇر. بۇ ئىلىم قۇرئان ۋە ھەدىستە ساقلانغاندۇر. بۇ ئىلىم ئىنسان بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلايدۇ، ئاللاھنى كۆچەيتىدۇ. ئىنساننىڭ ئەخلاقىنى تۈزەيدۇ، ئاللاھ نېمىدىن رازى بولىدۇ، نېمىگە نارازى بولىدۇ، ئۇنى مۇشۇ ئىلىم بىلەن بىلگىلى بولىدۇ. مۇشۇ تۈردىكى دۇئالارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇنداق بىر دۇئامۇ بار: «ئى ئاللاھ، مېنىڭ ئىلمىم بىلەن ماڭا مەنپەئەت ئاتا قىلغىن، ماڭا مەنپەئەتلىك ئىلىمنى بىلدۈرگىن، ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، ھەر ھالەتتە ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن». (سۈنەنى ئىبنى ماجە 251 ـ ھەدىس)

② «نِسْيَانٌ» ئۇنتۇماق، ئېسىدىن چىقماق دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەربىر ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە تېپىلىدىغان بىر ئىشتۇر. شۇنىڭدەك ئىرادىنىڭ ئاجىز بولۇشىمۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە بار. ئىنساندىكى مۇشۇ ئىككى ئاجىزلىق شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدىنىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر بىر ئىنساندا بۇ ئىككى ئاجىزلىق بولۇپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قارشى تۇرۇش مەقسىتى بولمىسا، يەنە قەستەن ئاللاھ ئەمرىگە بويسۇنماسلىق غەرىزى بولمىسا، ئۇنتۇپ قىلىش ۋە ئىرادىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن سادىر بولغان خاتالىق پەيغەمبەرلىك ۋە پاكلىققا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، خاتالىق سادىر بولغاندىن كېيىن ئىنسان دەرھال پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھقا يالۋۇرغان ھالدا سەجدىگە باش قويىدۇ ۋە تەۋبە قىلىپ، ئاللاھتىن كەچۈرۈم سورايدۇ. (ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلغان ئىدى) ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا چۈشەندۈرۈپ: شەيتان سىلەرگە ئوچۇق-ئاشكارا دۈشمەن، ئۇ سىلەرنى جەننەتتىن چىقىرەتمىسۇن دەپ، ئالاھىدە تەكىتلىگەن ئىدى. مەزكۇر تەكىتلەنگەن ئىش بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسىگە ئاساسەن ﴿عَهِدْنَا﴾ «بىز ئادەمدىن ئەھدە ئالدۇق» دەپ ئىپادىلەندى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ «ئەھدىنى»نى ئۇنتۇدى. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بىر دەرەخكە يېقىنلىشىشتىن يەنى ئۇنىڭدىن يېيىشتىن چەكلىگەن ئىدى، ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇشبۇ دەرەخكە يېقىنلاشماسلىقنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى، لېكىن شەيتان قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، ئۇ دەرەختىن يېگەن ئادەم مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىققا ئېرىشىدۇ دەپ، ۋەسۋەسە قىلغاندا ئىرادىسىدە تۇرالماي قالدى، ئىرادىسى بوشاپ كەتكەنلىكتىن شەيتانغا ئالداندى.

فَقُلْنَا يَٰٓـَٔادَمُ إِنَّ هَٰذَا عَدُوٌّ لَّكَ وَلِزَوْجِكَ فَلَا يُخْرِجَنَّكُمَا مِنَ
ٱلْجَنَّةِ فَتَشْقَىٰٓ ﴿١١٧﴾ إِنَّ لَكَ أَلَّا تَجُوعَ فِيهَا وَلَا تَعْرَىٰ ﴿١١٨﴾ وَأَنَّكَ لَا
تَظْمَؤُا۟ فِيهَا وَلَا تَضْحَىٰ ﴿١١٩﴾ فَوَسْوَسَ إِلَيْهِ ٱلشَّيْطَٰنُ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ
هَلْ أَدُلُّكَ عَلَىٰ شَجَرَةِ ٱلْخُلْدِ وَمُلْكٍ لَّا يَبْلَىٰ ﴿١٢٠﴾ فَأَكَلَا مِنْهَا
فَبَدَتْ لَهُمَا سَوْءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخْصِفَانِ عَلَيْهِمَا مِن وَرَقِ ٱلْجَنَّةِ ۚ
وَعَصَىٰٓ ءَادَمُ رَبَّهُۥ فَغَوَىٰ ﴿١٢١﴾ ثُمَّ ٱجْتَبَٰهُ رَبُّهُۥ فَتَابَ عَلَيْهِ
وَهَدَىٰ ﴿١٢٢﴾

*بىز دېدۇق: «ئى ئادەم! بۇ (شەيتان) ھەقىقەتەن سېنىڭ ۋە ئايالىڭنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، ئۇ چاغدا سەن جاپا ـ مۇشەققەتتە قالىسەن① [117]. شەكسىزكى، جەننەتتە سەن ئاچ قالمايسەن، يالىڭاچمۇ قالمايسەن [118]. ھەمدە ئۇنىڭدا ھەرگىز ئۇسساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپمۇ كەتمەيسەن» [119]. شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «ئى ئادەم! مەن ساڭا (مېۋىسىنى يېگەن ئادەم ئۆلمەيدىغان) ئەبەدىيلىك دەرىخىنى ۋە قولدىن كەتمەس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى [120]. نىھايەت ئىككىسى ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (دەرەخلىرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن ئۇ يەرلىرىنى يۆگەشكە كىرىشتى. ئادەم رەببىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاداشتى② [121]. ئاندىن رەببى ئۇنى (تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىپ) رەھمىتىگە ئېرىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتتى③ [122].*

① بۇ يەردىكى ﴿ تَشْقَى ﴾ « شَقَاوَةٌ «جاپا ـ مۇشەققەت مەنىسىدە، يەنى جەننەتتە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ جاي ھەممىسى ھېچقانداق جاپا تارتماستىن ئاسانلا قولغا كېلىدۇ. جەننەتتىن چىققاندا بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت تارتىشقا توغرا

كېلىدۇ، خۇددى دۇنيادا ھەربىر ئىنسان مەزكۇر تۈپ ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، جاپا تارتىشقا توغرا كېلىدىغاندەك. يەنە بىر دىققەت قىلىدىغان نۇقتا شۇكى، بۇ يەردە پەقەت ئادەم ئەلەيھىسسالامغىلا «سەن جاپا-مۇشەققەتتە قالىسەن» دېيىلدى، ھەر ئىككىڭلار جاپا-مۇشەققەتتە قالىسىلەر، دېيىلمىدى، ۋەھالەنكى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ھەر ئىككىسى يېگەن ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئائىلىنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىنى قامداش ئەرنىڭلا زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەت بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكى خىتاب ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان. شۇڭا ئائىلىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئايالنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس، بەلكى، ئەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. ئاللاھ تائالا ئايالنى جاپا-مۇشەققەتتىن ساقلاپ، ئۆي خانىشى بولۇش شەرىپىگە ئىگە قىلدى، ئۇنى ئاسراپ ئىززەتلىدى. لېكىن بۈگۈنكى ئاياللارغا مەزكۇر «ئىلاھىي ئىززەت» خۇددى «قۇللۇق زەنجىرى» دەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇلار بۇنىڭدىن ئازات بولۇش ئۈچۈن تىنىم تاپماي، چېپىپ يۈرمەكتە. ئاھ! شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى شۇ قەدەر گۈزەل ۋە جەلپكارمىدۇ؟ ئۇنىڭ ھىيلە-مىكرلىرى ھېلىھەم ئاياللارنى ئازدۇرۇپ كەلمەكتە.

② يەنى ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى، نەتىجىدە توغرا يولدىن ياكى نىشاندىن ئاداشتى.

③ بەزى كىشىلەر بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مەزكۇر گۇناھ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى سادىر بولغان، دەيدۇ. لېكىن بىز ئالدىنقى بەتتە بۇ «گۇناھ» نىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ پاكلىقىنى زىت كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق. چۈنكى بۇنىڭدەك ئۇنتۇپ قېلىش ۋە سەۋەنلىكلەر پەيغەمبەرلىك، شەرىئەت ۋە دەۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماي، شەخسىي خاراكتېر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە گۇناھنىڭ سەۋەبى ئىرادىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە لايىق قىلىدىغان گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. بۇ يەردە ئۇنى «رەببىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، يەنى گۇناھ ئىش قىلدى» دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈن بولغانلىقىدىن بولغان. چۈنكى، چوڭلاردىن سادىر بولغان ئادەتتىكى كەمچىلىكمۇ چوڭ خاتالىق دەپ چۈشىنىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئايەتنىڭ مەنىسى «ئاندىن

رەببى ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى» ئەمەس، بەلكى، «ئۇ قىلمىشىغا پۇشايمان ۋە تەۋبە قىلغانلىقى ئۈچۈن رەببى ئۇنى ئىلگىرىكى پاكلىق ماقامىغا يەتكۈزدى، رەھمىتىگە ئېرىشتۈردى»، دېگەن بولىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانى زېمىنغا چۈشۈرۈشمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بويىچە بولغان ئىدى. بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا غەزەپ قىلغانلىقىدىن بولغان دەپ چۈشىنىش توغرا بولمايدۇ.

قَالَ ٱهۡبِطَا مِنۡهَا جَمِيعَۢاۖ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ فَإِمَّا يَأۡتِيَنَّكُم
مِّنِّي هُدٗى فَمَنِ ٱتَّبَعَ هُدَايَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشۡقَىٰ ﴿١٢٣﴾ وَمَنۡ
أَعۡرَضَ عَن ذِكۡرِي فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةٗ ضَنكٗا وَنَحۡشُرُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ
أَعۡمَىٰ ﴿١٢٤﴾ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرۡتَنِيٓ أَعۡمَىٰ وَقَدۡ كُنتُ بَصِيرٗا ﴿١٢٥﴾ قَالَ
كَذَٰلِكَ أَتَتۡكَ ءَايَٰتُنَا فَنَسِيتَهَاۖ وَكَذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمَ تُنسَىٰ ﴿١٢٦﴾ وَكَذَٰلِكَ
نَجۡزِي مَنۡ أَسۡرَفَ وَلَمۡ يُؤۡمِنۢ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِۦۚ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَشَدُّ
وَأَبۡقَىٰٓ ﴿١٢٧﴾

*ئاللاھ (ئۇلارغا) ئېيتتىكى: «سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار! (ئى ئادەم ئەۋلادى!) سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلگەندە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ [123]. كىمكى مېنىڭ زىكرىم (بولغان قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى جاپالىق (يەنى خاتىرجەمسىز)① بولىدۇ، قىيامەت كۈنى بىز ئۇنى كور ھالىتىدە تىرىلدۈرىمىز»② [124]. ئۇ: «ئى رەببىم! نېمىشقا مېنى كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈڭ، ھالبۇكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ [125]. ئاللاھ ئېيتىدۇ: «سېنى شۇنداق (كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈم)، ساڭا بىزنىڭ (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلگەن تۇرۇقلۇق، سەن ئۇلارنى (كۆزگە ئىلماي) تاشلاپ قويغان ئىدىڭ. بۈگۈن سەنمۇ شۇنىڭدەك (دوزاختا) تاشلىنىپ قالىسەن» [126]. ھەددىدىن ئاشقان*

***ۋە رەببىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا ئەنە شۇنداق جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ مەڭگۈلۈكتۇر [127].***

① بۇ يەردىكى «جاپالىق» دېگەندىن بەزى مۇپەسسىرلەر قەبرە ئازابى دېگەن مەنىنى ئالسا، بەزىلەر قايمۇقۇش، چۈشكۈنلۈك، ئىچى سىقىلىش، خاتىرجەمسىزلىك، غەم-ئەندىشە ۋە تەشۋىشلىك خىياللاردىن خالىي بولالماسلىق دېگەن مەنىنى ئالىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللارغا كۆپىنچە ئاللاھنى ئەسلەشتىن غاپىل كاتتا پۇلدارلار يولۇقۇپ تۇرىدۇ.

② بۇنىڭدىن ئەمەلىيەتتە كۆزنىڭ كور بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئۇنىڭ ئەقىل كۆزى كور بولىدۇ، يەنى ئۇ يەردە ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بىرەر باھانە ۋە پاكىت كۆرسىتىش ئۇنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدۇ.

أَفَلَمْ يَهْدِ لَهُمْ كَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّنَ ٱلْقُرُونِ يَمْشُونَ فِى
مَسَٰكِنِهِمْ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّأُو۟لِى ٱلنُّهَىٰ ﴿١٢٨﴾ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ
مِن رَّبِّكَ لَكَانَ لِزَامًا وَأَجَلٌ مُّسَمًّى ﴿١٢٩﴾ فَٱصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ
وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ ٱلشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا ۖ وَمِنْ
ءَانَآئِ ٱلَّيْلِ فَسَبِّحْ وَأَطْرَافَ ٱلنَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضَىٰ ﴿١٣٠﴾

***ئۇلار بىزنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇقمامدۇ؟ ئۇلار شۇ ئۈممەتلەرنىڭ ماكانلىرىدا كېزىپ يۈرىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار [128]. ئەگەر رەببىڭ تەرىپىدىن (گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدە) ئىلگىرى بېرىلگەن بىر سۆز (ھۆكۈم) ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقىت بولمىسا ئىدى، ئۇلار دەرھال ھالاك بولغان بولاتتى① [129]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، كۈن پېتىشتىن***

***ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن، كېچىلەردە ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ھەم ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا (رەببىڭگە) تەسبىھ ئېيتقىن②، (شۇنداق قىلساڭ، رەببىڭ بېرىدىغان ساۋاب بىلەن) مەمنۇن بولىسەن③ [130].***

① يەنى بۇ ئىنكارچىلار ۋە مەككە مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا قارىمامدۇ؟ بۇلار ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى بولۇپ، ئۇلار ياشىغان يۇرتلاردىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بىز ئۇلارنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت ۋە ساۋاقتۇر. لېكىن مەككە ئەھلى ئۇلاردىن ئىبرەت ئالماستىن ئىلگىرىكىلەر ھالاك بولغان يولنى تاللىۋالدى. ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ پاكىت تۇرغۇزماي ۋە بەلگىلىگەن مۇددەت توشماي تۇرۇپ ھېچبىر قەۋمنى ئازابلىماسلىقتىن ئىبارەت ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا خېلى بۇرۇنلا ئازاب كەلگەن ۋە ئاللىقاچان ھالاك قىلىنغان بولاتتى. دېمەك ئۇلار پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلسىمۇ، تېخىچە ئازاب كەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ مەنىسى بۇندىن كېيىنمۇ ئازاب كەلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ھازىرچە ئاللاھ تەرەپتىن مۆھلەت بېرىلگەن، ئادەتتە ئاللاھ تائالا ھەربىر قەۋمگە شۇنداق مۆھلەت بېرىدۇ. شۇ ئەمەل قىلىش مۆھلىتى توشقاندا ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ.

② بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «تەسبىھ ئېيتقىن» دېگەندىن ناماز ئوقۇغىن دېگەن مەنىنى ئالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار بۇ ئايەتتىن بەش ۋاخ ناماز كۆزدە تۇتۇلغان، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: «كۈن چىقىشتىن بۇرۇن» دېگەن بامدات نامىزىنى، «كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى» دېگەن ئەسىر نامىزىنى، «كېچىلەردە» دېگەن كېچە ۋاقىتلىرىدىكى شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى، «كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ھەم ئاخىرقى ۋاقىتلىرى» دېگەن پېشىن نامىزىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى پېشىننىڭ ۋاقتى كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى قىسمىنىڭ ئاخىرىغا ۋە ئاخىرقى قىسمىنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتتىن مەزكۇر ۋاقىتلاردا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە تەسبىھ ئېيتىش مەقسەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە ناماز، تىلاۋەت، زىكىر، دۇئا، مۇناجات ۋە باشقا نەپلە ئەمەللەرمۇ كىرىدۇ. مەقسەت شۇكى، (ئى پەيغەمبەر!) سەن مۇشرىكلارنىڭ سېنى

ئىنكار قىلغانلىقىغا بىئارام بولمىغىن، ئاللاھقا زىكىر-تەسبىھ ئېيتىپ تۇرغىن، ئاللاھ خالىغان چاغدا، ئۇلارنى جازالايدۇ، دېمەكتۇر.

③ بۇ ئىبارە «تەسبىھ ئېيتقىن» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى مەزكۇر ۋاقىتلاردا، ئاللاھ مېنى ئۆز دەرگاھىدىكى مەن مەمنۇن بولىدىغان ماقامغا يەتكۈزىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن.

وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ ٱلْحَيَوٰةِ
ٱلدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ ﴿١٣١﴾ وَأْمُرْ أَهْلَكَ
بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱصْطَبِرْ عَلَيْهَا ۖ لَا نَسْـَٔلُكَ رِزْقًا ۖ نَّحْنُ نَرْزُقُكَ ۗ وَٱلْعَٰقِبَةُ
لِلتَّقْوَىٰ ﴿١٣٢﴾ وَقَالُوا۟ لَوْلَا يَأْتِينَا بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّهِۦٓ ۚ أَوَلَمْ تَأْتِهِم بَيِّنَةُ
مَا فِى ٱلصُّحُفِ ٱلْأُولَىٰ ﴿١٣٣﴾

***بىز (كاپىرلاردىن) تۈرلۈك جامائەلەرنىڭ بەزىسىنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن①، بىز ئۇلارنى (بۇ ئارقىلىق) سىنايمىز. رەببىڭنىڭ (ئاتا قىلىدىغان) رىزقى ھەممىدىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر② [131]. (ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن③، ئۆزۈڭمۇ (ئۇنى ئادا قىلىشتا) چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. بىز ساڭا رىزىق بېرىۋاتىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر [132]. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «(مۇھەممەد) رەببى تەرىپىدىن بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسىچۇ!» دەيدۇ④، ئۇلارغا بۇرۇنقى كىتابلاردىكى ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان روشەن دەلىل (قۇرئان) كەلمىدىمۇ؟⑤ [133].***

① ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ (موللۇق ئىچىدە) شەھەرمۇ-شەھەر كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن. بۇ ئازغىنە بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ نېمە دېگەن يامان جاي!﴾. (سۈرە

ئال ئىمران 196-، 197-ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ قىلغان ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنى ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق﴾. (سۈرە كەھف 7-ئايەت) بۇ مەزمۇن سۈرە ھىجىر 88-ئايەتتىمۇ بايان قىلىندى.

② بۇنىڭدىن ئاخىرەتتىكى ئەجىر-ساۋاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاخىرەتنىڭ ساۋابى دۇنيادىكى مال-مۈلۈك ۋە باشقا نەرسىلەردىن ئەۋزەل ھەم مەڭگۈلۈكتۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىچىگە خورما دەرىخىنىڭ يۇمشاق قوۋزاقلىرى تىقىلغان بىر ياستۇقنى بېشىغا قويۇپ، بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. (بورا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك بەدەنلىرىگە پىتىپ كەتكەن ئىدى). ئۆينىڭ ئىچىدە ئىككى پارچە تېرىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئۆمەر! نېمىگە يىغلايسەن؟» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىسرا بىلەن قەيسەر باياشات تۇرمۇشتا ياشاۋاتىدۇ. سەن ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى تۇرۇقلۇق مۇشۇنداق تۇرمۇشتا ياشامسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! سەن تېخىچە شەكلىنىۋاتامسەن؟ ئۇلار بولسا، باياشاتلىقى پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىلىدىغان كىشىلەردۇر» دېدى. يەنى ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچنېمە يوق. (سەھىھۇل بۇخارى 4913-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1479-ھەدىس)

③ بۇ خىتابتىكى بۇيرۇقتا پۈتۈن ئۈممەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدۇ، بۇيرۇق ئۇلارغىمۇ چۈشىدۇ، يەنى ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىمۇ نامازغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ نامازغا سۈيلۈق قىلماسلىقا تەرغىب قىلىپ تۇرۇشى لازىم.

④ يەنى ھەر قەۋمگە ئۇلارنىڭ تەلىۋى بويىچە مۆجىزە بېرىلگەندەك، يەنى سەمۇد قەۋمىنىڭ تەلىۋى بويىچە سالىھ ئەلەيھىسسالامغا تۆگە بېرىلگەندەك، بىزگىمۇ بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسىچۇ؟

⑤ «بۇرۇنقى كىتابلار» دېگەندىن تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر قاتارلىق كىتابلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئۇ كىتابلاردىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان سۈپەتلىرى ئۇلارغا كەلمىدىمۇ؟ يەنە بىر مەنىسى، بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ئۆز خاھىشلىرى بويىچە مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى، مۆجىزە كۆرسىتىلگەندىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتمىغانلىقتىن ھالاك قىلىنغانلىق خەۋىرى ئۇلارغا يەتمىدىمۇ؟

وَلَوْ أَنَّآ أَهْلَكْنَٰهُم بِعَذَابٍ مِّن قَبْلِهِۦ لَقَالُوا۟ رَبَّنَا لَوْلَآ أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولًا فَنَتَّبِعَ ءَايَٰتِكَ مِن قَبْلِ أَن نَّذِلَّ وَنَخْزَىٰ ﴿١٣٤﴾ قُلْ كُلٌّ مُّتَرَبِّصٌ فَتَرَبَّصُوا۟ فَسَتَعْلَمُونَ مَنْ أَصْحَٰبُ ٱلصِّرَٰطِ ٱلسَّوِيِّ وَمَنِ ٱهْتَدَىٰ ﴿١٣٥﴾

***ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن① ئىلگىرى بىرەر ئازاب بىلەن ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: «ئى رەببىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭچۇ! (ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ،) بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ئەمەسمۇ؟!» دەيتتى [134]. (ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ھەر كىم (ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتمەكتە②. سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، كىملەرنىڭ توغرا يول ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە كىملەرنىڭ ھىدايەت تاپقانلىقىنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر»③ [135].***

① «ئۇنىڭدىن» دېگەندە ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىز ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق.

② يەنى مۇسۇلمانلار ۋە كاپىرلار ھەممىسى: «كۇفرى غەلىبە قىلامدۇ ياكى ئىسلام غەلىبە قىلامدۇ؟» دەپ كۈتۈپ تۇرماقتا.

③ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبىنىڭ كىمگە نېسىپ بولىدىغانلىقى

سىلەرگە يېقىن كەلگۈسىدە مەلۇم بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ غەلبە مۇسۇلمانلارغا نېسىپ بولدى، بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، پەقەت ئىسلاملا توغرا يولدۇر، ئۇنىڭ يولىدا ماڭغانلارلا ھىدايەت تاپقانلاردۇر.

# سۈرە ئەنبىيا

| (٢١) سورة الأنبياء مكية ١١٢ آية | (21) سۈرە ئەنبىيا مەككىدە چۈشكەن 112 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

17

ٱقۡتَرَبَ لِلنَّاسِ حِسَابُهُمۡ وَهُمۡ فِي غَفۡلَةٖ مُّعۡرِضُونَ ١ مَا يَأۡتِيهِم
مِّن ذِكۡرٖ مِّن رَّبِّهِم مُّحۡدَثٍ إِلَّا ٱسۡتَمَعُوهُ وَهُمۡ يَلۡعَبُونَ ٢ لَاهِيَةٗ
قُلُوبُهُمۡۗ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّجۡوَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ هَلۡ هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡۖ
أَفَتَأۡتُونَ ٱلسِّحۡرَ وَأَنتُمۡ تُبۡصِرُونَ ٣ قَالَ رَبِّي يَعۡلَمُ ٱلۡقَوۡلَ فِي
ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ٤

***ئىنسانلارنىڭ ھېساب (بېرىدىغان) ۋاقتى① (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەت ئىچىدە (قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر② [1]. ئۇلارغا رەببى تەرىپىدىن (قۇرئاندا) يېڭى ۋەز ـ نەسىھەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا مەسخىرە قىلغان ھالدا قۇلاق سېلىشىدۇ③ [2]. ئۇلارنىڭ دىللىرى (ئاللاھنىڭ كالامىدىن) غەپلەتتىدۇر. بۇ زالىملار (ئۆزئارىسىدا): «بۇ (مۇھەممەد) پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان تۇرسا، سىلەر قاراپ تۇرۇپ سېھىرنى قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەپ پىچىرلىشىدۇ④***

*[3]. (پەيغەمبەر) ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم ئاسمان، زېمىندا (دېيىلگەن ھەربىر) سۆزنى بىلىپ تۇرىدۇ، ۋە ئۇ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»⑤ [4].*

① «ئىنسانلارنىڭ ھېساب (بېرىدىغان) ۋاقتى» دېگەندە، سائەتمۇ-سائەت يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قىيامەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر قانداق كەلمەكچى بولغان نەرسە يېقىن بولىدۇ، ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىيامەتتۇر، يەنە ئۆتۈپ كەتكەن زامان جەھەتتىنمۇ قىيامەت يېقىندۇر، چۈنكى ئۆتۈپ كەتكەن زامانغا قارىغاندا قالغان زامان ئازدۇر.

② يەنى ئىنسانلار قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن غەپلەت ئىچىدىدۇر، ئۇلار دۇنيانىڭ راھەت-پاراغەتلىرىگە چۆمۈپ كەتكەن ۋە ئىمان تەقەززا قىلغان ئەمەللەردىن غاپىلدۇر.

③ يەنى قۇرئان ئايەتلىرى ۋەزىيەتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ ۋاقتى-ۋاقتىدا چۈشۈپ تۇرىدۇ، گەرچە قۇرئان ئىنسانلارغا ۋەز-نەسىھەت بولسۇن ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار قۇرئانغا غاپىللىق ئىچىدە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن قۇلاق سالىدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلمايدۇ.

④ يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئادەمزات بولغانلىقى ئۇلارغا نىسبەتەن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىشتۇر. ئۇلار: بۇنىڭ بىر سېھىرگەر ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ سېھرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشەمسىلەر؟ دەپ پىچىرلىشىدۇ.

⑤ رەببىم بارلىق بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار، سىلەر توقۇغان يالغاننىمۇ ئاڭلاپ تۇرىدۇ، مېنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىمنى ۋە مەن سىلەرگە قىلغان دەۋەتنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

بَلۡ قَالُوٓاْ أَضۡغَٰثُ أَحۡلَٰمِۭ بَلِ ٱفۡتَرَىٰهُ بَلۡ هُوَ شَاعِرٞ فَلۡيَأۡتِنَا بِـَٔايَةٖ
كَمَآ أُرۡسِلَ ٱلۡأَوَّلُونَ ٥ مَآ ءَامَنَتۡ قَبۡلَهُم مِّن قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَآۖ

أَفَهُمْ يُؤْمِنُونَ ۝٦ وَمَآ أَرْسَلْنَا قَبْلَكَ إِلَّا رِجَالًا نُّوحِىٓ إِلَيْهِمْ ۖ
فَسْـَٔلُوٓا۟ أَهْلَ ٱلذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ۝٧

***(كاپىرلار: قۇرئان سېھىردۇر دەپلا قالماستىن): «بەلكى ئۇ (مۇھەممەد كۆرگەن) قالايمىقان چۈشلەردۇر، بەلكى ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققاندۇر، بەلكى ئۇ شائىردۇر①، (ئەگەر ئۇنداق بولمىسا) بىزگە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسۇن②» دېيىشتى [5]. ئۇلاردىن ئىلگىرى بىز ھالاك قىلغان شەھەرلەر ئاھالىسىدىن ھېچقايسىسى (مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ) ئىمان ئېيتمىغان تۇرسا، بۇلار ئىمان ئېيتامدۇ؟③ [6]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى (پەرىشتىلەردىن ئەمەس) پەقەت (ئىنسانلاردىن) ئەرلەرنىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا ۋەھيى نازىل قىلغان ئىدۇق④، ئەگەر (بۇنى) بىلمىسەڭلار، (ئەھلى كىتابنىڭ) ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار⑤ [7].***

① بۇ زالىملار ئۆزئارا پىچىرلاشقاندا قۇرئان سېھىردۇر دېيىش بىلەن بولدى قىلماستىن يەنە قۇرئاننى مۇھەممەدنىڭ قالايمىقان چۈشلىرى، دېدى. گاھى ئۇنى ئۆزى توقۇپ چىققان دېسە، گاھى ئۇنى شائىر دېدى. گاھى قۇرئان ھىدايەت كىتابى ئەمەس، شېئىر دېسە، گاھى ئۇنى سېھىر دېدى. يەنى ئۇلار بىر سۆزدە مۇقىم تۇرمىدى. ھەر كۈنى مەۋقە ۋە پوزىتسىيە ئالماشتۇرۇپ، يېڭى-يېڭى بوھتانلارنى چاپلىدى.

② يەنى ئىلگىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامغا تۆگە، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسا ۋە ئايئاق قول قاتارلىق مۆجىزىلەر بېرىلگەندەك.

③ يەنى ئۇلاردىن ئىلگىرى بىز كۆپ شەھەر ئاھالىلىرىنى ھالاك قىلدۇق. چۈنكى، ئۇلار ئۆز خاھىشلىرى بويىچە كۆرسىتىلگەن مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئىمان ئېيتمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ھالاكەتكە دۇچار بولدى. ئىش شۇنداق تۇرسا، ئەگەر مەككە ئەھلىگە ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە بىرەر مۆجىزە كۆرسىتىلسە، ئۇلار ئىمان ئېيتارمۇ؟ ياق، ئۇلار ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارمۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتا ئىلگىرىكىلەرنىڭ يولىدا ماڭىدۇ.

④ يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىنسانلاردىن بولغان ئەرلەر ئىدى. ئىنساندىن باشقا بىر مەخلۇقتىن پەيغەمبەر كەلگىنى يوق. ئايال كىشىنىڭمۇ پەيغەمبەر بولغىنى يوق. پەيغەمبەرلىك پەقەت ئىنسانلار ئىچىدە ئەرلەرگە خاس بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاياللاردىن ھېچكىم پەيغەمبەر بولمىغان. چۈنكى پەيغەمبەرلىكمۇ ئاياللارنىڭ خاراكتېرى ۋە تەبىئىتى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان ۋەزىپىلەر جۈملىسىدىندۇر.

⑤ ﴿أَهْلَ الذِّكْرِ﴾ «ئىلىم ئەھلىلىرى» ساماۋى كىتابلار ئىلمىنى بىلىدىغان ئەھلى كىتابنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارمىدى ياكى ئىنسانلار ئەمەسمىدى؟ ئۇلار سىلەرگە: بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئىدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

وَمَا جَعَلْنَٰهُمْ جَسَدًا لَّا يَأْكُلُونَ ٱلطَّعَامَ وَمَا كَانُوا۟ خَٰلِدِينَ ﴿٨﴾
ثُمَّ صَدَقْنَٰهُمُ ٱلْوَعْدَ فَأَنجَيْنَٰهُمْ وَمَن نَّشَآءُ وَأَهْلَكْنَا ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٩﴾
لَقَدْ أَنزَلْنَآ إِلَيْكُمْ كِتَٰبًا فِيهِ ذِكْرُكُمْ ۖ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٠﴾ وَكَمْ
قَصَمْنَا مِن قَرْيَةٍ كَانَتْ ظَالِمَةً وَأَنشَأْنَا بَعْدَهَا قَوْمًا ءَاخَرِينَ ﴿١١﴾
فَلَمَّآ أَحَسُّوا۟ بَأْسَنَآ إِذَا هُم مِّنْهَا يَرْكُضُونَ ﴿١٢﴾

***پەيغەمبەرلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ جىسمىنى) تاماق يېمەيدىغان تەن قىلغىنىمىز يوق ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا) مەڭگۈ قالغۇچىلارمۇ ئەمەس① [8]. ئاندىن بىز ئۇلارغا (ياردەم بېرىش، ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن) ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق، ئۇلارنى ۋە بىز خالىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق، (كۇفرىدا ۋە زۇلۇمدا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ھالاك قىلدۇق② [9]. ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان - شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلىپ بەردۇق. سىلەر يەنىلا (بۇنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ [10]. بىز (كۇفرىنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان نۇرغۇنلىغان شەھەر ئاھالىسىنى ھالاك قىلدۇق③. ئۇلار (ھالاك***

*بولغان)دىن كېيىن باشقا قەۋملەرنى پەيدا قىلدۇق [11]. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى ھېس قىلغان چاغدا (ئۇ يەردىن) بار كۈچى بىلەن قېچىشقا ئۇرۇنۇشتى④ [12].*

① يەنى ئۇلارمۇ تاماق يەيدىغان ئادەملەر ئىدى، ئۆلۈم كېلىپ باقىي دۇنياغا كەتتى. بۇ ئايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ئادەمزاتى ئىكەنلىكىنى دەلىللەۋاتىدۇ.

② يەنى ۋەدىمىزگە ئاساسەن پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە نىجاتلىق ئاتا قىلدۇق. ھەددىدىن ئاشقانلارنى يەنى كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنى ھالاك قىلدۇق.

③ " قَصَمَ "نىڭ مەنىسى سۇندۇردى، پارچە-پارچە قىلىپ تاشلىدى. بۇ يەردىكى ﴿كَمْ﴾ كۆپ سانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى بىز قانچىلىغان شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق يەنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتۇق. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿نۇھتىن كېيىن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق﴾. (سۈرە بەنى ئىسرائىل 17-ئايەت)

④ " إِحْسَاسٌ " نىڭ مەنىسى سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق سېزىش ۋە بىلىش دېمەكتۇر. يەنى ئۇلار ئازابنى ياكى ئازابنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا ياكى گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئازابنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلگەن چاغدا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاچىدىغان جاي ئىزدەشكە باشلىدى. " رَكْضٌ "نىڭ مەنىسى ئات قاتارلىق ئۇلاغلارغا مىنىپ، ئۇنى تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر، بۇ يەردە قېچىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

لَا تَرْكُضُواْ وَٱرْجِعُوٓاْ إِلَىٰ مَآ أُتْرِفْتُمْ فِيهِ وَمَسَٰكِنِكُمْ لَعَلَّكُمْ
تُسْـَٔلُونَ ﴿١٣﴾ قَالُواْ يَٰوَيْلَنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿١٤﴾ فَمَا زَالَت تِّلْكَ
دَعْوَىٰهُمْ حَتَّىٰ جَعَلْنَٰهُمْ حَصِيدًا خَٰمِدِينَ ﴿١٥﴾ وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَآءَ
وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَٰعِبِينَ ﴿١٦﴾ لَوْ أَرَدْنَآ أَن نَّتَّخِذَ لَهْوًا لَّٱتَّخَذْنَٰهُ

مِن لَّدُنَّآ إِن كُنَّا فَٰعِلِينَ ﴿١٧﴾

*(بۇ چاغدا ئۇلارغا مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا) قاچماڭلار!① سىلەردىن سوئال سورۇلۇشى ئۈچۈن②، باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا ۋە تۇرالغۇ جايلىرىڭلارغا قايتىڭلار!»③ (دېيىلىدۇ) [13]. ئۇلار: «ۋاي ئىست بىزگە! بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىپتۇق» دېيىشتى [14]. ئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ، جانلىرىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر④، ئۇلار يۇقىرىقى پەريادىنى تەكرارلاپ تۇردى⑤ [15]. بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويۇن - تاماشا قىلىش ئۈچۈن ياراتمىدۇق (يەنى ئۇلارنى بىكار ياراتمىدۇق، بەلكى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ياراتتۇق)⑥ [16]. ئەگەر بىز ئويۇن - تاماشا قىلايلى دېسەك، ئەلۋەتتە ئۇنى ئۆز دەرگاھىمىزدىن تاللىغان بولاتتۇق⑦، ئەگەر (شۇنى) ئىرادە قىلغان بولساق⑧ (ئەمما ئۇنداق قىلمىدۇق) [17].*

① يەنى ئۇلارغا پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ياكى مۆئمىنلەر تەرىپىدىن مەسخىرە تەلەپپۇزىدا شۇنداق دېيىلىدۇ.

② ئازابتىن كېيىن سىلەرنىڭ ھال-ئەھۋالىڭلار سورۇلۇشى ئۈچۈن، يەنى سىلەرگە نېمە بولدى، قانداق بولدى، نېمە ئۈچۈن بولدى؟ دېگەندەك ياكى سىلەردىن مەسلىھەت سورۇلۇشى ياكى نەرسە سورۇلۇشى ئۈچۈن. بۇ سوئال ئىبارىسى مەسخىرە ۋە مازاق ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى، ئازاب باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار سوئالغا جاۋاب بەرگىدەك ھالەتتە بولمايدۇ.

③ يەنى سىلەرنىڭ كۇفۇرلۇق ۋە سەركەشلىك قىلىشىڭلارغا سەۋەب بولغان نېمەتلەرگە، باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا ۋە پەخىرلىنىپ يۈرگەن ئېسىل تۇرالغۇ جايلىرىڭلارغا قايتىڭلار.

④ يەنى ئۇلار جىسىملىرىدا ھاياتلىقتىن ئەسەر قالغانغا قەدەر، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇردى.

⑤ ﴿حَصِيدًا﴾ ئورۇپ ياتقۇزۇۋېتىلگەن زىرائەت ﴿خَٰمِدِينَ﴾ ئۆچۈپ قالغان ئوت دېگەن مەنىدە. يەنى ئاخىرى ئۇلار ئورۇپ ياتقۇزۇۋېتىلگەن زىرائەتتەك ۋە ئۆچۈپ قالغان ئوتتەك جانسىز جەسەت بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ

ھەممىسى تەلتۆكۈس ھالاك بولغانلىقتىن ئۇلاردىن ھېچ ئاۋاز چىقمىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىدىرلايدىغان بىرمۇ جان ئىگىسى قالمىدى.

⑥ بەلكى ئۇلارنى يارىتىشتا مەلۇم مەقسەت ۋە ھېكمەتلەر بار. مەسىلەن: بەندىلەر شۈكۈر قىلىپ، زىكىر ئېيتسۇن ئۈچۈن، ياخشىلارغا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانلارغا يامانلىقنىڭ جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن ۋە باشقىلار...

⑦ يەنى دەرگاھىمىزدىكى شەيئىلەردىن بىر نەرسىلەرنى يارىتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئويۇن-تاماشا قىلاتتۇق. بۇ قەدەر كاتتا كائىناتنى يارىتىش ۋە ئۇنىڭدا روھ ۋە ھېسسىياتقا ئىگە مەخلۇقلارنى يارىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

⑧ ﴿ئەگەر (شۇنى) ئىرادە قىلغان بولساق﴾ دېگەن ئىبارە ئەرەب تىلىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئاساسەن «بىز ئۇنداق قىلمىدۇق» دېگەن ئىبارىدىن توغرا ۋە جانلىق دەپ قارىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

بَلْ نَقْذِفُ بِٱلْحَقِّ عَلَى ٱلْبَٰطِلِ فَيَدْمَغُهُۥ فَإِذَا هُوَ زَاهِقٌۚ وَلَكُمُ
ٱلْوَيْلُ مِمَّا تَصِفُونَ ﴿١٨﴾ وَلَهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِۚ وَمَنْ عِندَهُۥ
لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِۦ وَلَا يَسْتَحْسِرُونَ ﴿١٩﴾ يُسَبِّحُونَ ٱلَّيْلَ
وَٱلنَّهَارَ لَا يَفْتُرُونَ ﴿٢٠﴾ أَمِ ٱتَّخَذُوٓا۟ ءَالِهَةً مِّنَ ٱلْأَرْضِ هُمْ يُنشِرُونَ ﴿٢١﴾
لَوْ كَانَ فِيهِمَآ ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَاۚ فَسُبْحَٰنَ ٱللَّهِ رَبِّ ٱلْعَرْشِ
عَمَّا يَصِفُونَ ﴿٢٢﴾

*بەلكى بىز باتىلغا ھەق بىلەن زەربە بېرىمىز، ھەق باتىلنى ئېزىپ تاشلايدۇ، باتىل شۇ ھامان زاۋال تاپىدۇ①، (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر (ئاللاھنى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن) سۈپەتلىگەنلىكىڭلار تۈپەيلىدىن دەھشەتلىك ئازابقا قالىسىلەر② [18]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر③، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلمايدۇ④ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ [19]. ئۇلار*

***كېچە - كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ [20]. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى، بۇ نەرسىلەر ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟!⑤ [21]. ئەگەر (ئاسمان - زېمىن) ئىككىسىدە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ئۇ ئىككىسى ) نىڭ ۋە كائىناتنىڭ نىزامى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى⑥، دېمەككى، ئەرشنىڭ رەببى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر [22].***

① يەنى كائىناتنى يارىتىشتىكى مەقسەتلەردىن بىر مۇھىم مەقسەت شۇكى، بىز ھەق بىلەن باتىل ئارىسىدىكى پىكرىي ئۇرۇش، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدىكى توقۇنۇشتا ھەقنى ۋە ياخشىلىقنى غالىپ ئورۇنغا چىقىرىپ، باتىل ۋە يامانلىقنى مەغلۇبىيەت ئورنىغا چۈشۈرىمىز. ھەقىقەتەن بىز ھەق بىلەن باتىلغا، راستچىللىق بىلەن ساختىلىققا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىققا زەربە بېرىمىز. بۇنىڭ بىلەن ساختىلىق، يامانلىق ۋە باتىل ھالاك بولىدۇ. ﴿يَدْمَغُ﴾ باشنى مېڭە بىلەن قوشۇپ ئېزىپ تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿زَاهِقٌ﴾ ھالاك بولۇش، نابۇت بولۇش، گۇمران بولۇپ كېتىش دېگەن مەنىدە.

② يەنى سىلەرنىڭ ئاللاھقا نالايىق سۆزلەرنى مەنسۇپ قىلغانلىقىڭلار ياكى ئاللاھ تائالانى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنلىكىڭلار، «مەسىلەن: ئاللاھ كائىناتنى مۇنداقلا ئويۇندەك يارىتىپ قويغان، بۇ دۇنيا ئويناپ-كۈلۈپ ياشايدىغان جاي، ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى سىلەر بۇ كائىناتنى ئويۇن-تاماشا دەپ قارىغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن ھەقتىن قاچىدىغان ۋە باتىلنى ئىختىيار قىلىشتا قىلچە ئەيمىنىش ۋە قورقۇنچ ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالىسىلەر، نەتىجىدە ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىسىلەر.

③ كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى ۋە بارلىق ئىنسانلار ئۇنىڭ قۇلىدۇر. سىلەر بىر قۇلنى ئۆزۈڭلارنىڭ بالىسى قىلىشقا ۋە بىر چۆرىنى ئۆزۈڭلارنىڭ خوتۇنى قىلىشقا رازى بولمايسىلەر-يۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قۇللىرىدىن بەزىسىنى ئۆزىگە بالا قىلىشى ۋە بەزىسىنى خوتۇن قىلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

④ «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكىلەر» دېگەندىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ قۇللىرى ۋە بەندىلىرىدۇر. بۇ ئىبارىدىن ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكى، شەرەپلىك ماقامغا ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. مۇشرىكلار ئېتىقاد قىلغاندەك پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرى ئەمەس.

⑤ بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ. ئۇنداق بولسا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىدۇ؟

⑥ يەنى ئەگەر راستتىنلا ئاسمان - زېمىندا ئىككى ئىلاھ بولغان بولسا، كائىناتنى باشقۇرىدىغان ئىككى كۈچ بولغان بولاتتى، ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئىختىيارى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولاتتى. ئەگەر كائىنات نىزامى بۇ ئىككى كۈچنىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكمى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ھازىرغا قەدەر بىر خىل تەرىزدە ماڭمىغان بولاتتى، كائىنات يارىتىلغاندىن تارتىپ بىر سىكۇنتمۇ توختاپ قالماي تەرتىپلىك ۋە ئىنتىزاملىق شەكىلدە مېڭىۋاتىدۇ. ئىككى ئىلاھ بولغان ئەھۋالدا بىرىنىڭ ئىرادىسى يەنە بىرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن زىتلىشىپ، بىرىنىڭ خالىغىنىنى يەنە بىرى خالىماي، ئۆز ئارا توقۇنۇش كېلىپ چىققان بولاتتى، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يەنە بىرىگە قارشى ئىشلەتكەن بولاتتى، نەتىجىدە ئېغىر توقۇنۇش ۋە تالاپەت كېلىپ چىققان بولاتتى. بۈگۈنگە قەدەر ئۇنداق ئەھۋال بولمىدى، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، كائىناتنى باشقۇرۇۋاتقان پەقەت بىر زاتلا بار، پەقەت ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكمى يۈرگۈزۈلىدۇ، ھەر قانداق ئىش پەقەت ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇ زات كىمگە بىر نەرسە ئاتا قىلسا، ھېچكىم ئۇنى توسۇۋالالمايدۇ، ئۇ كىمدىن مەرھەمەتنى ئۈزۈپ قويسا، ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ.

لَا يُسْـَٔلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْـَٔلُونَ ﴿٢٣﴾ أَمِ ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةًۖ
قُلْ هَاتُوا۟ بُرْهَـٰنَكُمْۖ هَـٰذَا ذِكْرُ مَن مَّعِىَ وَذِكْرُ مَن قَبْلِىۗ بَلْ
أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ٱلْحَقَّۖ فَهُم مُّعْرِضُونَ ﴿٢٤﴾ وَمَآ أَرْسَلْنَا مِن

قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِىٓ إِلَيْهِ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعْبُدُونِ ﴿٢٥﴾
وَقَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱلرَّحْمَٰنُ وَلَدًا ۗ سُبْحَٰنَهُۥ ۚ بَلْ عِبَادٌ مُّكْرَمُونَ ﴿٢٦﴾

*ئاللاھ قىلغانلىرىدىن سورالمايدۇ، ئۇلار بولسا سوئال - سوراق قىلىنىدۇ [23]. بەلكى ئۇلار ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلارنى قىلىۋالدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى: «(ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارلىقىغا) دەلىل - ئىسپاتىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، مانا بۇ مەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ كىتابىدۇر ۋە مەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابىدۇر① (بۇنىڭدا ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىۋېلىشقا دائىر دەلىل - ئىسپات يوقتۇر)». ئۇلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار (ئۇنىڭدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ [24]. (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلدۇق② [25]. مۇشرىكلار: «ئاللاھنىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار» دېيىشتى». ئاللاھ (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، ئەمەلىيەتتە (پەرىشتىلەر) ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر [26].*

① ﴿ذِكۡرُ مَن مَّعِيَ﴾ دېگەندىن قۇرئان كەرىم، ﴿وَذِكۡرُ مَن قَبۡلِي﴾ دېگەندىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلار مەقسەت قىلىنىدۇ. دېمەك قۇرئاندا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بارلىق كىتابلاردا پەقەت بىر ئىلاھنىڭلا مەبۇد ۋە ئىلاھ ئىكەنلىكىدىن ئىبارە تەۋھىد ئەقىدىسى سۆزلەنگەن. لېكىن، مۇشرىكلار بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمايدۇ ۋە بۇ تەۋھىدتىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈيدۇ.

② يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرمۇ دەل مۇشۇ تەۋھىد دەۋىتىنى ئېلىپ كەلگەن.

لَا يَسْبِقُونَهُۥ بِٱلْقَوْلِ وَهُم بِأَمْرِهِۦ يَعْمَلُونَ ﴿٢٧﴾ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ
أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ٱرْتَضَىٰ وَهُم مِّنْ
خَشْيَتِهِۦ مُشْفِقُونَ ﴿٢٨﴾ ۞ وَمَن يَقُلْ مِنْهُمْ إِنِّىٓ إِلَٰهٌ مِّن دُونِهِۦ

فَذَٰلِكَ نَجۡزِيهِ جَهَنَّمَۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٩﴾ أَوَلَمۡ يَرَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓاْ أَنَّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ كَانَتَا رَتۡقٗا فَفَتَقۡنَٰهُمَاۖ وَجَعَلۡنَا مِنَ
ٱلۡمَآءِ كُلَّ شَيۡءٍ حَيٍّۚ أَفَلَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٣٠﴾

***ئۇلار ھېچقانداق سۆزدە ئاللاھنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ① [27]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ رازى بولغان كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلىدۇ②، ئۇلار ئاللاھتىن قورققانلىقتىن تىترەپ تۇرىدۇ [28]. ئۇلاردىن كىمكى مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھمەن دەيدىكەن، بىز ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز③، بىز زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز [29]. كاپىرلار بىلمەمدۇكى④، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى⑤، بىز ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىقنى سۇدىن ياراتتۇق⑥، ئۇلار يەنىلا (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزگە) ئىشەنمەمدۇ؟ [30].***

① بۇ ئايەتتە «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرى» دەپ بوھتان چاپلىغان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىلىپ، دېيىلدىكى، پەرىشتىلەر قىزلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئىتائەتچان بەندىلىرىدۇر. موھتاجلىق ئالەمدە ئىنسان قېرىپ ئاجىزلاشقان چاغدا قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتلەرگە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. شۇ ۋەجىدىن پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلارغا يانتاياق دېيىلىدۇ. زەئىپلىك، قېرىلىق، ئاجىزلىق پەقەت ئىنسان دۇچ كېلىدىغان ھادىسە. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ھەر قانداق كەمچىلىك ۋە ئاجىزلىقتىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر، شۇڭا ئۇ بالىلارغا ياكى ھەرقانداق بىر ياردەمگە موھتاج ئەمەس. مۇشۇ ۋەجىدىن قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ بالىسى يوق ئىكەنلىكى قايتا ـ قايتا تەكىتلەنگەن.

② بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلاردىن باشقا يەنە پەرىشتىلەرمۇ شاپائەت قىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى سەھىھ ھەدىسلەر ھەم كۈچلەندۈرىدۇ .ئەمما شاپائەت پەقەت ئاللاھ ئۆزى رازى بولىدىغان ۋە ياقتۇرىدىغان كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا شاپائەتنى ئۆزىنىڭ ئىتائەتسىز بەندىلىرىگە ئەمەس، بەلكى پەقەت

گۇناھكار، ئەمما ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە يەنى ئەھلى ئىمان ۋە ئەھلى تەۋھىد بەندىلىرىگە ئاتا قىلىشنى ياقتۇرىدۇ.

③ يەنى شۇ پەرىشتىلەردىنمۇ كىمكى مەن ئىلاھ دەپ دەۋا قىلىدىكەن، ئۇنىمۇ دوزاخقا تاشلايمىز. بۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر شەرتلىك جۈملە بولۇپ، شېرىكنى رەت قىلىش ۋە تەۋھىدنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن، بۇنداق جۈملىلەر قۇرئان كەرىمدە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، (پەرەز قىلايلۇق) ئەگەر رەھمان ئاللاھنىڭ بالىسى بولسا ئىدى، مەن ئۇنىڭغا (يەنى ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم (ئەمما ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر)﴾. (سۈرە زۇخرۇف 81-ئايەت) ﴿(پەرەز قىلايلۇق) ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾. (سۈرە زۇمەر 65-ئايەت) بۇلار شەرتلىك جۈملىلەر بولۇپ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

④ ﴿أَوَلَمْ يَرَ﴾ «كۆرمەمدۇ، بىلمەمدۇ» دېگەندىن كۆز بىلەن كۆرۈش ئەمەس بەلكى قەلبى بىلەن كۆرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنى ئۇلار تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ياكى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ دېگەن مەنىدە.

⑤ ﴿رَتْقًا﴾ پۈتۈك، چاپلىشىپ تۇرغان دېگەن مەنىدە." فَتْقٌ " پارچىلىماق، ئاجراتماق، ئايرىم-ئايرىم قىلماق، ئاچماق دېگەن مەنىدە. يەنى ئىلگىرى ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر-بىرىگە چاپلىشىپ تۇراتتى، يەنى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تۇراتتى، بىز ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىدۇق، ئاسمانلارنى ئۈستى تەرەپكە چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇردۇق ۋە زېمىننى ئاستىدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن زىرائەت ئۈندۈرىدىغان قىلدۇق.

⑥ بۇ يەردىكى سۇدىن يامغۇر سۈيى ۋە بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى كۆزدە تۇتۇلغان دەپ ئالساق، ئۇنىڭ مەنىسى سۇ بىلەن زېمىن ياشىرىدۇ، كۆكلەيدۇ، سۇ ھەربىر جانلىققا ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ، دېگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئابىمەنى كۆزدە تۇتۇلغان دەپ ئالساقمۇ يەنىلا مەنىسى يىراقلاپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ھەربىر جانلىقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەب بولغانمۇ ئەنە شۇ بىر قەترە سۇدۇر.

وَجَعَلْنَا فِي ٱلْأَرْضِ رَوَٰسِيَ أَن تَمِيدَ بِهِمْ وَجَعَلْنَا فِيهَا فِجَاجًا سُبُلًا

لَعَلَّهُمْ يَهْتَدُونَ ﴿٣١﴾ وَجَعَلْنَا ٱلسَّمَآءَ سَقْفًا مَّحْفُوظًا ۖ وَهُمْ عَنْ
ءَايَٰتِهَا مُعْرِضُونَ ﴿٣٢﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ وَٱلشَّمْسَ
وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ فِى فَلَكٍ يَسْبَحُونَ ﴿٣٣﴾

*يەنە يەر تەۋرەپ ئۇلارنى سىلكىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، بىز زېمىندا مۇستەھكەم تاغلارنى ياراتتۇق①، ئۇلارنى كۆزلىگەن جايلىرىغا بارالىسۇن دەپ، ئۇنىڭدا② كەڭ يوللارنى ياراتتۇق [31]. ئاسماننى بىز بىخەتەر تورۇس قىلدۇق③، ھالبۇكى، مۇشرىكلار ئاسماندىكى (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن يۈز ئۆرۈيدۇ [32]. ئاللاھ كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ۋە ئاينى ياراتقان زاتتۇر④. ئۇلارنىڭ ھەربىرى (بەلگىلەنگەن) ئوربىتىسىدا ئۈزىدۇ (يەنى سەير قىلىدۇ)⑤ [33].*

① يەنى ئەگەر زېمىننىڭ ئۈستىدە كاتتا ئەزىم تاغلار بولمىغان بولسا، زېمىن تېنىمسىز تەۋرەپ تۇرغان بولاتتى، شۇنداق بولسا، زېمىن ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ئۈچۈن ئولتۇراقلىشىدىغان ۋە ھايات كەچۈرىدىغان جاي بولماي قالاتتى، بىز زېمىننى تەۋرەپ، سىلكىنىپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، ئۈستىگە ئېغىر تاغلارنى قوزۇق قىلدۇق. يەنى بىز زېمىننىڭ ئۈستىگە ئېغىر تاغلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى تەۋرەش ۋە سىلكىنىشتىن ساقلىدۇق.

② ﴿فِيهَا﴾ «ئۇنىڭدا» دېگەندىن زېمىن ياكى تاغلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى زېمىندا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق ياكى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تاغلارنىڭ ئارىسىدا يوللارنى ياراتتۇق. ﴿يَهْتَدُونَ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: كىشىلەرنىڭ بېرىش-كېلىش، قاتناش ۋە تىرىكچىلىك ئىشلىرى ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كەڭ يوللارنى ياراتتۇق.

③ چېدىر ۋە قۇببىنىڭ تورۇسى بولغاندەك ئاسماننى زېمىن ئۈچۈن ﴿سَقْفًا مَّحْفُوظًا﴾ «بىخەتەر تورۇس» قىلدۇق. ﴿مَّحْفُوظًا﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى «مۇھاپىزەت قىلىنغان، ساقلانغان، قوغدالغان» دېمەكتۇر. يەنى بىز ئاسماننى زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىدۇق، بولمىسا ئاسمان

زېمىنغا چۈشۈپ كېتىپ، زېمىننىڭ پۈتۈن نىزامى بۇزۇلۇپ، قالايمىقان بولۇپ كېتەتتى. يەنە بىر مەنىسى، بىز ئاسماننى شەيتانلاردىن ساقلىدۇق، دېگەن بولىدۇ، بۇ ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿ھەر بىر قوغلاندى شەيتاندىن ئاسماننى قوغدىدۇق﴾. (سۈرە ھەجر 17 ـ ئايەت)

④ يەنى ئاللاھ تائالا كېچىنى ئارام ئالىدىغان ۋە كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان قىلىپ ياراتتى، ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئايلارنىڭ ۋە يىللارنىڭ سانىنى ھېسابلىشى ئۈچۈن قۇياشنى كۈندۈزنىڭ، ئاينى كېچىنىڭ بەلگىسى قىلدى.

⑤ ﴿يَسۡبَحُونَ﴾ ئەسلىدە سۇ ئۈزىدۇ دېگەن مەنىدە. دېمەك سۇ ئۈزگۈچى سۇ يۈزىدە ئۈزگەندەك ئاي بىلەن كۈنمۇ ئۆزىنىڭ ئوربىتىسىدا ئۈزىدۇ، يەنى سەير قىلىپ تۇرىدۇ.

**وَمَا جَعَلۡنَا لِبَشَرٖ مِّن قَبۡلِكَ ٱلۡخُلۡدَۖ أَفَإِيْن مِّتَّ فَهُمُ ٱلۡخَٰلِدُونَ ﴿٣٤﴾**
**كُلُّ نَفۡسٖ ذَآئِقَةُ ٱلۡمَوۡتِۗ وَنَبۡلُوكُم بِٱلشَّرِّ وَٱلۡخَيۡرِ فِتۡنَةٗۖ وَإِلَيۡنَا**
**تُرۡجَعُونَ ﴿٣٥﴾ وَإِذَا رَءَاكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِن يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا**
**أَهَٰذَا ٱلَّذِي يَذۡكُرُ ءَالِهَتَكُمۡ وَهُم بِذِكۡرِ ٱلرَّحۡمَٰنِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿٣٦﴾**
**خُلِقَ ٱلۡإِنسَٰنُ مِنۡ عَجَلٖۚ سَأُوْرِيكُمۡ ءَايَٰتِي فَلَا تَسۡتَعۡجِلُونِ ﴿٣٧﴾**

***(ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرىمۇ (ئىنسانلاردىن) ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق، سەن ئۆلسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ياشامدىكەن؟① [34]. ھەربىر جان ئۆلۈمنى تېتىغۇچىدۇر. بىز سىلەرنى يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلىش ئارقىلىق سىنايمىز②. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر③ [35]. (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا: «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم مۇشۇمۇ؟» (دېيىشىپ) سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار رەھمان (ئاللاھ) نىڭ زىكرى (بولغان قۇرئان) نى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر④ [36]. ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان، مەن سىلەرگە ئالامەتلىرىمنى (يەنى ئازابىمنى) كۆرسىتىمەن. شۇڭا (ئۇنىڭ ۋاقتى ـ سائىتىدىن بۇرۇن)***

*مېنى ئالدىرتىپ كەتمەڭلار⑤ [37].*

① بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: «ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى. ئۇلارغا دېيىلدىكى، ئۆلۈم ھەربىر ئىنسانىنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. بۇ مۇقەررەر ئۆلۈمدىن مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇ سىرتتا قالمايدۇ. چۈنكى ئۇمۇ بىر ئىنساندۇر، بىز ھېچبىر ئىنساننى مەڭگۈ ياشايدىغان قىلمىدۇق. ئەجەبا، بۇ سۆزنى دېگەنلەرنىڭ ئۆزى ئۆلمەي قالارمۇ؟ بۇ ئايەت يەنە بۇزرۇكلار، پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالارنى ھايات دەپ قارايدىغان بۇتپەرەسلەرگىمۇ رەددىيە بەردى، بۇ قاراشقا ئاساسەن بۇتپەرەسلەر ئۇلارنى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ۋە مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. (قۇرئان كەرىمگە زىت كېلىدىغان بۇنداق بۇزۇق ئەقىدىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.)

② يەنە بىر ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا: بىز سىناش يۈزىسىدىن سىلەرنى يامانلىققا ۋە ياخشىلىققا مۇپتىلا قىلىپ تۇرىمىز، يەنى بىز ئىنسانلارنى بەزىدە كۆلپەتلەرگە دۇچار قىلىش بىلەن، بەزىدە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن، بەزىدە ساغلاملىق، پاراۋانلىق بىلەن، بەزىدە قىيىنچىلىق ۋە كېسەللىك بىلەن، بەزىدە بايلىق، بەزىدە نامراتلىق بىلەن سىناپ تۇرىمىز: كىم شۈكۈر قىلىدۇ، كىم تۇزكورلۇق قىلىدۇ، كىم سەۋر قىلىدۇ، كىم سەۋرسىزلىك بىلەن شىكايەت قىلىدۇ؟ قارايمىز. شۈكۈر قىلىش بىلەن سەۋر قىلىش ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا يەتكۈزىدۇ؛ سەۋرسىزلىك ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدۇ.

③ ئۇ يەردە سىلەرنى قىلغان ئىشىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايمىز ياكى جازالايمىز. سالىھلار ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ؛ گۇناھكارلار يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾. (سۈرە زەلزەلە 7-، 8-ئايەتلەر)

④ شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلىشىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سېنى كۆرسىلا مەسخىرە نىشانى قىلىۋېلىپ: «ئاللاھ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەم

مۇشۇمۇ؟» (دەيدۇ)﴾.) سۈرە فۇرقان 41-ئايەت)

⑤ بۇ كاپىرلارنىڭ ئازابنى تېزراق كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىغا بېرىلگەن جاۋابتۇر. چۈنكى ئالدىراڭغۇلۇق ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە ئەزەلدىن مەۋجۇتتۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پەيغەمبەرنىمۇ ئالدىرىتىپ، ئۇنىڭغا: رەببىڭگە ئېيتىپ، بىزگە تېزراق ئازاب چۈشۈرگىن دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا جاۋاب بېرىلدىكى: ﴿سىلەرگە ئالامەتلىرىمنى (يەنى ئازابىمنى) كۆرسىتىمەن. شۇڭا (ئۇنىڭ ۋاقتى-سائىتىدىن بۇرۇن) مېنى ئالدىرىتىپ كەتمەڭلار﴾ بۇ يەردىكى ئالامەتلەردىن ئازاب كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-پاكىتلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٣٨﴾ لَوْ يَعْلَمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ حِينَ لَا يَكُفُّونَ عَن وُجُوهِهِمُ ٱلنَّارَ وَلَا عَن ظُهُورِهِمْ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٣٩﴾ بَلْ تَأْتِيهِم بَغْتَةً فَتَبْهَتُهُمْ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ رَدَّهَا وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ ﴿٤٠﴾ وَلَقَدِ ٱسْتُهْزِئَ بِرُسُلٍ مِّن قَبْلِكَ فَحَاقَ بِٱلَّذِينَ سَخِرُوا۟ مِنْهُم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٤١﴾

***ئۇلار: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (يەنى ئازاب) قاچان (ئەمەلگە ئاشىدۇ)؟» دېيىشىدۇ [38]. ئەگەر بۇ كاپىرلار يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى توسۇپ قالالمايدىغان ۋە ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان بىر ۋاقىتنىڭ (كېلىدىغانلىقىنى) بىلسە ئىدى① (ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلمىغان بولاتتى) [39]. لېكىن قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ - دە، ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ②، ئۇ چاغدا ئۇلار قىيامەتنى كەينىگە سۈرەلمەيدۇ، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ③ [40]. نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىنغان ئىدى، ئۇ پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلغانلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىۋالدى④ [41].***

① ئايەتتىكى شەرتنىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان يەنى ئەگەر كاپىرلار ئۇنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئازابنىڭ بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلمايتتى ياكى قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولاتتى ياكى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالماي ئىمان ئېيتقان بولاتتى.

② يەنى ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالىدۇ.

③ ئۇلارغا تەۋبە قىلىش ۋە ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ.

④ بۇ ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە مەسخىرە قىلغانلىقىغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، بۇ بىر يېڭى ئىش ئەمەس، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ مەسخىرە قىلىنغان ئىدى، ئاخىرىدا كېلىشىنى يىراق سانىغان ئازاب ھەقنى مەسخىرە قىلغان كاپىرلارنى قورشىۋالدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىرى ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى﴾. (سۈرە ئەنئام 34-ئايەت) بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش بىلەن بىرگە مۇشرىكلارغا تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

قُلۡ مَن يَكۡلَؤُكُم بِٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ مِنَ ٱلرَّحۡمَٰنِۚ بَلۡ هُمۡ عَن ذِكۡرِ
رَبِّهِم مُّعۡرِضُونَ ﴿٤٢﴾ أَمۡ لَهُمۡ ءَالِهَةٞ تَمۡنَعُهُم مِّن دُونِنَاۚ لَا يَسۡتَطِيعُونَ
نَصۡرَ أَنفُسِهِمۡ وَلَا هُم مِّنَّا يُصۡحَبُونَ ﴿٤٣﴾ بَلۡ مَتَّعۡنَا هَٰٓؤُلَآءِ
وَءَابَآءَهُمۡ حَتَّىٰ طَالَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡعُمُرُۗ أَفَلَا يَرَوۡنَ أَنَّا نَأۡتِي ٱلۡأَرۡضَ
نَنقُصُهَا مِنۡ أَطۡرَافِهَآۚ أَفَهُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿٤٤﴾ قُلۡ إِنَّمَآ أُنذِرُكُم
بِٱلۡوَحۡيِۚ وَلَا يَسۡمَعُ ٱلصُّمُّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا مَا يُنذَرُونَ ﴿٤٥﴾

*(ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) «سىلەرنى كېچىدە ۋە كۈندۈزدە رەھمان ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم قوغداپ قالالايدۇ؟① » دېگىن. بەلكى ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ كالامىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر [42].*

*ياكى ئۇلارنىڭ بىزدىن باشقا ئىلاھلىرى بارمۇ؟* (كۈلپەت ۋە ئازابتىن قوغدايدىغان) مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (ئۇلارنىڭ ئىلاھ دەۋالغان نەرسىلىرى) *ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ، بىزنىڭ ئازابىمىزدىنمۇ ساقلىنىپ قالالمايدۇ*② [43]. *بەلكى بىز بۇلارنى* (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى) ۋە *ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى* (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) *بەھرىمەن قىلدۇق*، ھەتتا (شۇ نېمەت ئىچىدە) *ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى*③. *بىزنىڭ زېمىن ئەتراپىنى قەدەممۇقەدەم تارايتىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟*④ (مۇشۇنداق ئەھۋالدا) *ئۇلار غالىب ھېسابلىنامدۇ؟* (ياكى يېڭىلگۈچى ھېسابلىنامدۇ؟)⑤ [44]. (ئى مۇھەممەد!) *«مەن پەقەت سىلەرنى ۋەھيى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن. گاسلار* (يەنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان كاپىرلار) *ئاگاھلاندۇرۇلغان چاغدا دەۋەتنى ئاڭلىمايدۇ*⑥ [45].

① يەنى سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار سەۋەبىدىن كېچە ياكى كۈندۈزنىڭ مەلۇم بىر سائىتىدە سىلەرگە ئازاب كېلىشى مۇمكىن، بۇ ئازابتىن كېچىدە ياكى كۈندۈزدە سىلەرنى كىم قوغداپ قالالايدۇ؟ سىلەرنى ئازابتىن قوغدىيالايدىغان ئاللاھتىن باشقا بىرى بارمۇ؟

② ئۇنىڭ مەنىسى «وَ لَا هُمْ يُجَارُوْنَ مِنْ عَذَابِنَا " «ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قۇتۇلالمايدۇ» يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشقا ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشقا قادىر ئەمەس تۇرسا، باشقىلارغا قانداق ياردەم قىلالايدۇ؟ باشقىلارنى ئازابتىن قانداق قۇتقۇزالايدۇ؟

③ ئۇلارنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ھاياتى باياشات ئۆتكەن بولسا، ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ياكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارامدۇ؟ كەلگۈسىدىمۇ ئۇلارغا ھېچ ئىش بولمامدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى بۇ بىر قانچە كۈنلۈك راھەت-پاراغەت بىزنىڭ مۆھلەت بېرىش قانۇنىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇنىڭدىن ھېچكىم غەپلەتتە يۈرۈپ، قايمۇقۇپ قالماسلىقى لازىم.

④ يەنى ئۇلار كۆرمەمدۇكى، كاپىرلارغا تەۋە زېمىن يەنى دىيارلار تەدرىجى تارىيىۋاتىدۇ، ئىسلامغا تەۋە بولغان يەرلەر كۈنسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ. كاپىرلار دەسسەپ تۇرغان يەرلەر تارىيىپ كېتىۋاتىدۇ،

ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ئېشىپ مېڭىۋاتىدۇ، مۇسۇلمانلار شەھەرمۇ-شەھەر فەتھى قىلىپ، ئالغا ئىلگىرلەۋاتىدۇ.

⑤ يەنى كاپىرلار كۇفرىنىڭ چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئىسلامنىڭ غەلىبە تەرەپكە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۆزلىرىنى غالىب دەپ قارامدۇ؟ بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار ئۈچۈن، يەنى ئۇلار غالىب ئەمەس، مەغلۇبىيەتچىدۇر، فاتىھ (يەڭگۈچى) ئەمەس، مەفتۇھ (يېڭىلگۈچى) دۇر، ئەزىز ئەمەس، خار ۋە زەبۇندۇر.

⑥ يەنى مەن سىلەرگە قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىپ، ۋەز-نەسىھەت قىلىۋاتىمەن، بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم ۋە مەجبۇرىيىتىمدۇر. لېكىن، ئاللاھ تائالا قۇلاقلىرىنى ھەقنى ئاڭلاشتىن گاس قىلىۋەتكەن، كۆزلىرىنى ھەقنى كۆرۈشتىن پەردىلىۋەتكەن ۋە دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن كىشىلەرگە بۇ قۇرئاننىڭ ۋە نەسىھەتنىڭ ھېچ تەسىرى بولمايدۇ.

وَلَئِن مَّسَّتۡهُمۡ نَفۡحَةٞ مِّنۡ عَذَابِ رَبِّكَ لَيَقُولُنَّ يَٰوَيۡلَنَآ إِنَّا كُنَّا
ظَٰلِمِينَ ﴿٤٦﴾ وَنَضَعُ ٱلۡمَوَٰزِينَ ٱلۡقِسۡطَ لِيَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَلَا تُظۡلَمُ
نَفۡسٞ شَيۡـٔٗاۖ وَإِن كَانَ مِثۡقَالَ حَبَّةٖ مِّنۡ خَرۡدَلٍ أَتَيۡنَا بِهَاۗ وَكَفَىٰ بِنَا
حَٰسِبِينَ ﴿٤٧﴾

***ئەگەر ئۇلارغا رەببىڭنىڭ ئازابىدىن ئازراق بىر نەرسە يەتسىمۇ، ئۇلار چوقۇم: «ۋاي ئىسىت بىزگە! (ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ) راستتىنلا (ئۆزىمىزگە) زۇلۇم قىلغۇچى بولۇپتۇق» دەپ كېتىدۇ① [46]. بىز قىيامەت كۈنى (ئەمەللەرنى ئۆلچەمەك ئۈچۈن) ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ). ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى كەلتۈرىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز② [47].***

① يەنى ئۇلارغا ئازابنىڭ يەڭگىل بىر ئۇچقۇنى ياكى كىچىككىنە بىر

قىسمى يەتسىمۇ، پۇشايمان قىلغانلىقتىن ۋايساپ كېتىدۇ ۋە دۇنيادا ئۆزلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلايدۇ.

② ﴿الْمَوَازِينَ﴾ " مِيْزَانٌ " (تارازا)نىڭ كۆپلۈك شەكلى. قىيامەت كۈنى ئەمەللەرنى ئۆلچەش ئۈچۈن كۆپ مىزانلار بولىدۇ ياكى بىرلا مىزان بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇ مىزاننىڭ كاتتىلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ياكى ئەمەللەرنىڭ كۆپلۈكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، مىزاننىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىشلىتىلگەن. ئىنساننىڭ ئەمەللىرى بولسا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مەۋھۇم نەرسە يەنى زاھىرىي ۋۇجۇدى، ۋەزنى ياكى جىسمى يوق نەرسە تۇرسا، ئۇنى قانداق ئۆلچىگىلى بولىدۇ؟ بۇ سوئال ئىلگىرىكى زاماندا سورالغان بولسا، بەلكىم مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك ئاڭلىناتتى، ئەمما ھازىرقى زاماندا ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ، يېڭى-يېڭى كەشپىياتلار مەيدانغا كەلدى. بۇ كەشپىياتلار جىسمى يوق، مەۋھۇم نەرسىلەرنىمۇ ئۆلچەشكە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرقى تېخنىكا ئۇسكۇنىلىرى بىلەن ھەر قانداق ۋەزنى ۋە جىسمى يوق نەرسىلەرنىمۇ ئۆلچىگىلى بولىدىغان بولدى. ئىنسانلار بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولغان يەردە، ئاللاھ تائالاغا ۋەزنى يوق ئەمەللەرنى ئۆلچەش قانداقمۇ مۇشكۈل بولسۇن؟ چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئېھتىماللىق شۇكى، كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇ ۋەزنى يوق ئەمەللەرنى جىسىمغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن مىزاندا ئۆلچەپ باھالىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، بەزى ئەمەللەرنىڭ جىسىمغا يەنى ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ھەدىسلەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قۇرئاننى يادلىغان كىشىگە قۇرئان كەرىم بىر چىرايلىق يىگىت شەكلىدە كېلىدۇ، ئۇ سەن كىم؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ مەن، سەن كېچىلىرى (تەھەججۇد نامازلىرىدا) ئۇيقۇنى تەرك ئېتىپ، كۈندۈزلىرى ئۇسسۇز قىلىپ تۇرۇپمۇ مېنى ئوقۇيدىغان قۇرئان بولىمەن، دەيدۇ. (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 347-بەت، سۈنەنى ئىبنى ماجە 3781-ھەدىس) شۇنىڭدەك ياخشى ئەمەل مۇئمىنىنىڭ قەبرىسىگە خۇشچىراي، خۇشبۇي بىر يىگىت شەكلىدە كېلىدۇ، كاپىر ۋە مۇناپىقنىڭ ئەمىلى ئۇنىڭ ئەكسىچە كۆرۈمسىز بىر ئادەم شەكلىدە كېلىدۇ. (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 287-بەت) تەپسىلاتى سۈرە ئەئراف 7-ئايەتنىڭ شەرھىسىدە بايان قىلىنىدى. ﴿الْقِسْطَ﴾ ئادالەت، ئىنساپ دېگەن مەنىدە بولۇپ، مىزاننىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن، يەنى ئادالەت تارازىلىرى يەنى ئادالەت بىلەن ئۆلچەيدىغان تارازىلار دېمەكتۇر.

وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ٱلۡفُرۡقَانَ وَضِيَآءٗ وَذِكۡرٗا لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾
ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُم بِٱلۡغَيۡبِ وَهُم مِّنَ ٱلسَّاعَةِ مُشۡفِقُونَ ﴿٤٩﴾
وَهَٰذَا ذِكۡرٞ مُّبَارَكٌ أَنزَلۡنَٰهُۚ أَفَأَنتُمۡ لَهُۥ مُنكِرُونَ ﴿٥٠﴾ ۞ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَآ
إِبۡرَٰهِيمَ رُشۡدَهُۥ مِن قَبۡلُ وَكُنَّا بِهِۦ عَٰلِمِينَ ﴿٥١﴾ إِذۡ قَالَ لِأَبِيهِ
وَقَوۡمِهِۦ مَا هَٰذِهِ ٱلتَّمَاثِيلُ ٱلَّتِيٓ أَنتُمۡ لَهَا عَٰكِفُونَ ﴿٥٢﴾

***شەكسىزكى، بىز مۇسا بىلەن ھارۇنغا فۇرقاننى (يەنى ھەق بىلەن باتىلنى، ھالال بىلەن ھارامنى، ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنى ئايرىغۇچى تەۋراتنى)، نۇرنى، تەقۋادارلار ئۈچۈن (پايدىلىق) ۋەز - نەسىھەتنى ئاتا قىلدۇق① [48]. (ئۇ تەقۋادارلار) خىلۋەتتە رەببىدىن قورقىدىغان، قىيامەتتىنمۇ قورقۇپ تىترەيدىغان كىشىلەردۇر② [49]. مانا بۇ بىز نازىل قىلغان مۇبارەك قۇرئاندۇر. (شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر ئۇنى يەنە ئىنكار قىلامسىلەر؟③ [50]. (مۇسا، ھارۇنلاردىن) بۇرۇنلا بىز ئىبراھىمغا (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق④، بىز ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرلىككە لايىق ئىكەنلىكىنى) ئوبدان بىلەتتۇق⑤ [51]. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)» دېدى⑥ [52].***

① بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تەۋراتنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىندى، ئۇنىڭدىمۇ تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت بار ئىدى، شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىممۇ «تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر» دەپ سۈپەتلەندى (سۈرە بەقەرە 2-ئايەت). چۈنكى كىمنىڭ قەلبىدە ئاللاھتىن قورقۇش ۋە تەقۋالىق بولمىسا، ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ساماۋى كىتاب قانداقمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن نەسىھەت بولۇپ، ھىدايەت تېپىشىغا سەۋەبچى بولسۇن؟ نەسىھەت ئېلىش ياكى ھىدايەت تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاللاھقا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە قىزغىنلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىش زۆرۈردۇر.

② بۇ تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا ۋە

ئۇنىڭ باشقا سۈرىلەردىمۇ تەۋرادارلارنىڭ يەنە بىر قانچە سۈپەتلىرى بايان قىلىندى.

③ بۇ قۇرئان ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغان دىلى ئويغاقلار ئۈچۈن نەسىھەت ۋە ئەسكەرتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەيرلىك ھەم بەرىكەتلىك كىتابتۇر. ئۇنىمۇ بىز نازىل قىلدۇق. سىلەر قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن ئىنكار قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر تەۋراتنى ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن دەپ ئېتىراپ قىلىسىلەر!

④ ﴿مِنْ قَبْلُ﴾ «بۇرۇن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بىر مەنىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋرات بېرىلىشتىن بۇرۇن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ھىدايەت (يەنى ھوشيارلىق، پاراسەت) ئاتا قىلغان ئىدۇق، دېگەن بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلىشتىن بۇرۇنلا ھىدايەت (يەنى ھوشيارلىق، پاراسەت) ئاتا قىلغان ئىدۇق، دېگەن بولىدۇ. يەنى پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنىڭغا ھىدايەت ئاتا قىلىپ، قەۋمى مۇبتىلا بولغان كۇفرى-زالالەتتىن ساقلىغان ئىدۇق.

⑤ بىز ئىبراھىمنىڭ ھىدايەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى توغرا ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق.

⑥ ﴿التَّمَاثِيلُ﴾ " تِمْثَالٌ " (ھەيكەل، تىمسال)نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. بۇ سۆز ئەسلىدە بىر نەرسىنىڭ سۈرىتىنى ئەينەن نەقىل قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تاشقا ئويۇلغان ھەيكەل، قەغەزگە ياكى تامغا سىزىلغان بىراۋنىڭ سىماسى ۋە سۈرىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى مەبۇد قىلىۋالغان ۋە چوقۇنغان بۇتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿عٰكِفُوْنَ﴾ " عُكُوْفٌ "دىن تۇرلىنىپ چىققان ئېنىقلىغۇچى ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى، باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگۈچى، بىر جايدا ئېتىكاپ قىلىپ ئولتۇرغۇچى، بىر ئىشقا ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگۈچى، مۇقىم ئولتۇرغۇچى دېمەكتۇر. " اِعْتِكَافٌ " ئېتىكاپ دېگەن سۆزمۇ شۇنىڭدىن چىققان. ئېتىكاپ قىلغۇچى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەسجىدتە ئولتۇرىدۇ، كىشىلەردىن ئايرىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا ئىنتىلىدۇ ۋە يېلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن بۇتلارغا تازىم قىلىش، چوقۇنۇش ۋە بۇتخانىلارغا كىرىۋېلىپ، راھىب ۋە خادىم بولۇپ ئولتۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ھەيكەللەر (يەنى بۇتلار ۋە سۈرەتلەر) نى

ئۇلۇغلاش بۇگۈنكى كۈندىمۇ قەبرىگە ۋە پىرغا چوقۇنىدىغانلار ئىچىدە خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار سۈرەتلەرنى ئۇلۇغلاپ، بەرىكەت تاماسىدا ئۆيلىرىگە ۋە دۇكانلىرىغا ئېسىۋالىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا توغرا چۈشەنچە ئاتا قىلسۇن.

قَالُواْ وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا لَهَا عَٰبِدِينَ ﴿٥٣﴾ قَالَ لَقَدۡ كُنتُمۡ أَنتُمۡ
وَءَابَآؤُكُمۡ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٥٤﴾ قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا بِٱلۡحَقِّ أَمۡ أَنتَ مِنَ
ٱللَّٰعِبِينَ ﴿٥٥﴾ قَالَ بَل رَّبُّكُمۡ رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ ٱلَّذِي فَطَرَهُنَّ
وَأَنَا۠ عَلَىٰ ذَٰلِكُم مِّنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٦﴾ وَتَٱللَّهِ لَأَكِيدَنَّ أَصۡنَٰمَكُم
بَعۡدَ أَن تُوَلُّواْ مُدۡبِرِينَ ﴿٥٧﴾ فَجَعَلَهُمۡ جُذَٰذًا إِلَّا كَبِيرٗا لَّهُمۡ لَعَلَّهُمۡ
إِلَيۡهِ يَرۡجِعُونَ ﴿٥٨﴾

***ئۇلار: «بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى① [53]. ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا - بوۋاڭلارمۇ (پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ئوپئوچۇق بىر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنسىلەر» دېدى [54]. ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى② [55]. ئىبراھىم ئېيتتى: «(چاقچاق قىلغىنىم يوق) بەلكى سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىنمەن③ [56]. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بۇتلىرىڭلارغا (قارشى) بىر تەدبىر قوللىنىمەن»④ [57]. ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ (بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى) سۈرۈشتە قىلىشى ئۈچۈن، پەقەت چوڭ بۇتنى (چاقماي) قالدۇردى ⑤ [58].***

① شۇنىڭدەك بۈگۈنمۇ جاھالەت ۋە خۇراپاتلارغا گىرىپتار بولغان بىر

قىسىم مۇسۇلمانلارغا بىدئەت ۋە خۇراپىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق دەۋەت قىلىنسا، ئۇلار: بۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇرۇندىن قىلىپ كەلگەن ئىشلار تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ تاشلايمىز؟ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنداق جاۋاب بېرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روشەن دەلىللىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تۇتقان يولى ۋە خۇراپىي ئۆرپ-ئادەتلىرىدە چىڭ تۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قارايدىغانلاردۇر.

② ئۇلارنىڭ بۇنداق سوئال سورىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئىلگىرى تەۋھىد ھەققىدە ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم بىزگە چاقچاق قىلىپ، شۇنداق دەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

③ يەنى مەن چاقچاق قىلمىدىم، بەلكى مەن شەكسىز پاكىت بىلەن بىلگەن ئىلمىغا ئاساسەن سىلەرگە بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىۋاتىمەن، ئۇ بولسىمۇ سىلەرنىڭ مەبۇدىڭلار بۇتلار ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى ۋە ياراتقۇچىسى بىر ئاللاھتۇر.

④ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە ئىچىدە شۇنداق دېدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ بۇ سۆزنى بەزى كىشىلەرگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن تۆۋەن ئاۋازدا دېدى. (ئاللاھ ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر) ﴿لَأَكِيدَنَّ﴾ «تەدبىر قوللىنىمەن» دېگەننىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى، تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بولۇپ، تىل بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەمەلىي بىر ئىش قىلماقچى يەنى بۇتلارنى چاقماقچى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

⑤ شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ بايرام كۈنى ياكى ئۇلار بىر مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەن كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇتلارنى چېقىپ، پارچە-پارچە قىلىۋەتتى. پەقەت چوڭ بىر بۇتنى قالدۇرۇپ قويدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ ئېيتىشىچە: كىشىلەر كەلگەندە سورىسۇن دەپ، پالتىنى چوڭ بۇتنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى.

قَالُواْ مَن فَعَلَ هَٰذَا بِـَٔالِهَتِنَآ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٩﴾ قَالُواْ سَمِعۡنَا
فَتٗى يَذۡكُرُهُمۡ يُقَالُ لَهُۥٓ إِبۡرَٰهِيمُ ﴿٦٠﴾ قَالُواْ فَأۡتُواْ بِهِۦ عَلَىٰٓ أَعۡيُنِ

ٱلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَشْهَدُونَ ﴿٦١﴾ قَالُوٓاْ ءَأَنتَ فَعَلْتَ هَٰذَا بِـَٔالِهَتِنَا
يَٰٓإِبْرَٰهِيمُ ﴿٦٢﴾ قَالَ بَلْ فَعَلَهُۥ كَبِيرُهُمْ هَٰذَا فَسْـَٔلُوهُمْ إِن كَانُواْ
يَنطِقُونَ ﴿٦٣﴾

*ئۇلار (قايتىپ كېلىپ): «ئىلاھلىرىمىزنى مۇنداق (پارچە - پارچە) قىلغان كىم؟ ئۇ چوقۇم زالىملاردىن ئىكەن» دېدى① [59]. ئۇلار )نىڭ بەزىسى): «بىز ئىبراھىم دېيىلىدىغان بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى تىلغا ئالىدىغانلىقىنى (يەنى ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى) ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)» دېيىشتى② [60]. ئۇلار (يەنى نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى): «ئۇنداقتا، ئىبراھىمنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، (ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە) ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن» دېدى)③ [61]. ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! ئىلاھلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى. [62] (ئىبراھىم: «(ياق) بەلكى ئۇنى بۇتلارنىڭ مۇشۇ چوڭى قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى④ [63].*

① ئۇلار مۇراسىمدىن قايتىپ كېلىپ، بۇتلىرىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەندە: بۇ ئىشنى قىلغان بىر چوڭ زالىم ئادەم ئىكەن، دېيىشتى.

② ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر دېدىكى، ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىت بار، ئۇ بۇتلارغا قارشى گەپ-سۆزلەرنى قىلىدۇ، بۇ ئىشنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

③ يەنى كەلگۈسىدە ھېچكىم مۇنداق ئىشنى قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ جازالانغانلىقىنى كىشىلەر كۆرسۇن. يەنە بىر مەنىسى، كىشىلەر ئۇنىڭ بۇتلارغا قارشى گەپ-سۆز قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىغا ياكى بۇتلارنى چاققانلىقىنى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسۇن.

④ ئاخىرى ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەر توپلاشقان جايغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن مەزكۇر سوئالنى سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: بۇ ئىشنى قىلغان ئاۋۇ چوڭ بۇت.

ئەگەر بۇلار (يەنى چېقىلغان بۇتلار) سۆزلىيەلىسە، كىمنىڭ چاققانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار! دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىلەرنى دەلىل بىلەن قايىل قىلىش مەقسىتىدە، سۆزلىيەلمەيدىغان ۋە بىر نەرسىنى چۈشىنىش ئىقتىدارى بولمىغان بۇتلارنىڭ مەبۇد بولۇشقا يارىمايدىغانلىقىنى ھەتتا ئۇ بۇتلارنى ئىلاھ دەپ ئاتاشمۇ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق دېدى.

بىر سەھىھ ھەدىستە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿بەلكى ئۇنى بۇتلارنىڭ مۇشۇ چوڭى قىلدى﴾ دېگەنلىكى يالغان سۆزلىگەنلىك دەپ ئېيتىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە پەقەت ئۈچ قېتىملا يالغان سۆزلەپ باققان ئىدى. بۇ ئۈچ يالغان سۆزنىڭ ئىككىسى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان. بىرىنچىسى، سۈرە سافقاتتىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿مەن ھەقىقەتەن كېسەل بولۇپ قالىمەن﴾ دېگەن سۆزى. ئىككىنچىسى، بۇ ئايەتتىكى سۆزى. ئۈچىنچىسى، ئايالى سارەنى ھەمشىرەم دېگەنلىكى ئىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 3358-ھەدىس) ھازىرقى زاماندىكى بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سەھىھ ھەدىسنى قۇرئانغا زىت كەلگەن دەپ قاراپ، ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرغانلارنى چەكتىن ئاشقانلار ۋە رىۋايەتپەرەسلەر دەپ سۆپەتلىدى. ئەمما بۇ پىكىر توغرا ئەمەس، چۈنكى ھەقىقەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ سۆزىنى يالغانچىلىق دېيىشكە بولمايدۇ. لېكىن سۆزنىڭ زاھىرىغا قاراپ ئۇنى يالغانچىلىق دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ يالغانچىلىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا جازالىنىشقا تېگىشلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ سۆز ئاللاھ ئۈچۈن دېيىلگەن. ۋەھالەنكى ھېچقانداق بىر گۇناھ ئاللاھ ئۈچۈن بولمايدۇ. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، گەرچە ئۇ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن يالغانچىلىق بولسىمۇ، ھەقىقەتتە يالغانچىلىق ئەمەس. مەسىلەن: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتا قىلمىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ﴿عَصَىٰ آدَمُ رَبَّهُۥ﴾ «ئادەم رەببىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى» ۋە ﴿غَوَىٰ﴾ «ئازدى» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلدى ۋەھالەنكى قۇرئاننىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشى ئۇنتۇپ قالغانلىق ۋە ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپمۇ بايان قىلىندى. دېمەك ھەر قانداق ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ يەنى ھەر ئىشنى ئىككى نۇقتىدىن كۆزىتىشكە بولىدۇ: بىرى ماھىيەتتىكى ياخشىلىق ۋە ئارتۇقچىلىق نۇقتىسىدىن، يەنە بىرى تاشقى كۆرۈنۈشتىكى يامانلىق ۋە كەمچىلىك نۇقتىسىدىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىمۇ مۇشۇ

نۇقتىدىن قارىغاندا كۆرۈنۈشتە يالغانچىلىق بولۇپ، ئەمەلىيەتكە زىت ئىدى. بۇتلارنى ئۇ ئۆزى چاققان ئىدى. لېكىن ئۇنى چوڭ بۇتقا ئارتىپ قويىدى. چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى دەلىل ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلاش ئىدى. شۇڭا ھەقىقەت نۇقتىسىدىن بىز ئۇ سۆزنى يالغانچىلىق ئەمەس بەلكى دەلىلنى كۈچەيتىشنىڭ ئۇسۇلى، مۇشرىكلارنىڭ ئەقىلسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ بىر چارىسى دەپ قارايمىز. يەنە ھەدىستە مەزكۇر يالغانچىلىق قايسى تەرزىدە تىلغا ئېلىندى، بۇ ھەم ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئۈچ بىھۇدە سۆز قىلىپ سالغانلىقى سەۋەبلىك قىيامەت كۈنى مەھشەر مەيدانىدا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۈزتۇرانە تۇرۇپ، كىشىلەرگە شاپائەت تەلەپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ بىھۇدە سۆز ئەمەس يەنى ھەقىقەت ۋە مەقسەت نۇقتىسىدىن يالغانچىلىقمۇ ئەمەس، شۇنداق تۇرۇپ ئۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرىتىدىن قورقۇپ، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ يالغانچىلىققا ئوخشاپ كەتكەنلىكىدىن جازاغا لايىق بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىدۇ. بۇ ھەدىستە مەقسەت قىلىنغىنى ھەرگىزمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغانچىلىقىنى ئىسپاتلاش ئەمەس، بەلكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنى ئاللاھتىن قورققانلىقتىن بېشىغا چۈشكەن غەم-ئەندىشە ۋە پەرىشانلىقنى ئىزھار قىلىشتۇر.

فَرَجَعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ فَقَالُوٓاْ إِنَّكُمۡ أَنتُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٦٤﴾ ثُمَّ نُكِسُواْ عَلَىٰ رُءُوسِهِمۡ لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَا هَٰٓؤُلَآءِ يَنطِقُونَ ﴿٦٥﴾

***شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىگە كېلىپ (قايىل بولدى، ئاندىن بىر - بىرىگە كايىغان ھالدا): «ئەسلى زالىملار سىلەر ئىكەنسىلەر!» دېيىشتى① [64]. ئاندىن ئۇلار بۇرۇنقى تەرسالىقىغا قايتىپ: «ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى② [65].***

① ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەي بىر-بىرىگە قارىشىپ، سىلەر

ھەقىقىي زالىم ئىكەنسىلەر، ئۆزىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈۋاتقان ئادەمگە قارشى تۇرالمايدىغان ھەتتا قولىنى تۇتۇۋېلىشقىمۇ قادىر بولالمايدىغان بۇتلار قانداقمۇ ئىبادەتكە لايىق بولسۇن؟ دېيىشكە باشلىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسىنى مۇنداق بايان قىلدى: ئۇلار مەبۇدلىرىنى قوغدىمىغانلىقى ئۈچۈن بىر-بىرىگە مالامەت قىلىشتى ۋە ئۇلارنى ئۇبدان ساقلىمىغانلىقى ئۈچۈن بىر-بىرىنى زالىم دېيىشتى.

② ئاندىن ئۇلار دېدىكى، ئى ئىبراھىم! سەن ئۇلارنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بىزگە: ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار، دەيسەن؟

قَالَ أَفَتَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكُمْ شَيْـًٔا وَلَا يَضُرُّكُمْ ﴿٦٦﴾
أُفٍّ لَّكُمْ وَلِمَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ ۖ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٦٧﴾ قَالُوا۟
حَرِّقُوهُ وَٱنصُرُوٓا۟ ءَالِهَتَكُمْ إِن كُنتُمْ فَٰعِلِينَ ﴿٦٨﴾ قُلْنَا يَٰنَارُ كُونِى
بَرْدًا وَسَلَٰمًا عَلَىٰٓ إِبْرَٰهِيمَ ﴿٦٩﴾ وَأَرَادُوا۟ بِهِۦ كَيْدًا فَجَعَلْنَٰهُمُ
ٱلْأَخْسَرِينَ ﴿٧٠﴾ وَنَجَّيْنَٰهُ وَلُوطًا إِلَى ٱلْأَرْضِ ٱلَّتِى بَٰرَكْنَا فِيهَا
لِلْعَٰلَمِينَ ﴿٧١﴾

*ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ [66]. ئىست! سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا! سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟»① [67]. ئۇلار: «ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار، ئىبراھىمنى (ئوتقا تاشلاپ) كۆيدۈرۈپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار» دېدى② [68]. بىز ئوتقا: «ئى ئوت! ئىبراھىمغا سوغۇق ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن» دېدۇق [69]. ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇشتى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردىن قىلىۋەتتۇق [70]. بىز ئىبراھىم بىلەن لۇتنى (ئۇ جايدىن) قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى بىز جاھان ئەھلى*

***ئۇچۇن بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا يەتكۈزدۇق③ [71]***

① يەنى ئۇلار ئۆزى مەبۇدلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىكىگە ئەپسۇسلانغان هالدا: «سىلەر ئاللاهنى قويۇپ مۇشۇنداق قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلامسىلەر؟» دېدى.

② ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقى ۋە ئەقىلسىزلىكىنى ئۆزلىرىگە شۇنداق ئېنىق ئاشكارىلاپ بەردىكى، ئۇلار پاكىتلار ئالدىدا جاۋابسىز قالدى. بۇلار ھىدايەتكە مۇۋەپپەق بولۇشتىن مەھرۇم قالغان، كۇفرى ۋە شېرىكىنىڭ قارا داغلىرى دىللىرىنى ئورىۋالغان بولغاچقا، شېرىكتىن قايتىشنىڭ ئورنىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قارشى قاتتىق تەدبىر قوللانماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز مەبۇدلىرىدىن مەدەت تىلەپ تۇرۇپ، ئوت يېقىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار زور مىقداردا ئوتۇن يىغىپ ئوت ياقتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مەنجەنىقتا سېلىپ، ئوتقا ئاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئوتقا بۇيرۇق بېرىپ: ﴿ئى ئوت! ئىبراھىمغا سوغۇق ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن﴾ دېدى. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئاللاھ تائالا ﴿سوغۇق بولۇپ بەرگىن [ دەپ ] «ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن»﴾ دېمىگەن بولسا، ئوتنىڭ سوغۇقلىقى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى توڭلىتىپ قويغان بولاتتى. ھەر ھالدا بۇ ئاسمان - يەرلەك ئۆرلىگەن ئوتنىڭ گۈلزارلىققا ئايلانغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان كاتتا مۆجىزىسى ئىدى. ئاللاھ تائالا بەندىسىنى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئەنە شۇنداق ساقلىدى.

③ بۇ يەردىكى بەرىكەتلىك زېمىندىن كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە شام زېمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ يەرلەردە پەيغەمبەرلەر ياشىغانلىقتىن يېشىللىققا پۈركەنگەن، مېۋىلىرى كۆپ، دەريالاردا سۇ ئېقىپ تۇرغان زېمىن ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ يەرلەر «بەرىكەتلىك زېمىن» دەپ ئاتالدى.

وَوَهَبۡنَا لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ نَافِلَةٗۖ وَكُلّٗا جَعَلۡنَا صَٰلِحِينَ ﴿٧٢﴾
وَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَئِمَّةٗ يَهۡدُونَ بِأَمۡرِنَا وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡهِمۡ فِعۡلَ ٱلۡخَيۡرَٰتِ
وَإِقَامَ ٱلصَّلَوٰةِ وَإِيتَآءَ ٱلزَّكَوٰةِۖ وَكَانُواْ لَنَا عَٰبِدِينَ ﴿٧٣﴾ وَلُوطًا ءَاتَيۡنَٰهُ
حُكۡمٗا وَعِلۡمٗا وَنَجَّيۡنَٰهُ مِنَ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلَّتِي كَانَت تَّعۡمَلُ ٱلۡخَبَٰٓئِثَۚ
إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمَ سَوۡءٖ فَٰسِقِينَ ﴿٧٤﴾ وَأَدۡخَلۡنَٰهُ فِي رَحۡمَتِنَآۖ إِنَّهُۥ مِنَ
ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٧٥﴾ وَنُوحًا إِذۡ نَادَىٰ مِن قَبۡلُ فَٱسۡتَجَبۡنَا لَهُۥ فَنَجَّيۡنَٰهُ
وَأَهۡلَهُۥ مِنَ ٱلۡكَرۡبِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٧٦﴾

***بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى بەردۇق، يەنە (نەۋرىسى) يەئقۇبنى ئارتۇق بەردۇق (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى نەۋرە قىلىپ، ئۇنىڭ تەلىۋىدىن زىيادە قىلىپ بەردۇق)①، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سالىھ كىشىلەر قىلدۇق [72]. بىز ئۇلارنى ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى توغرا يولغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، بىز ئۇلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيي قىلدۇق، ئۇلار بىزگىلا (خالىس) ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى [73]. يەنە بىز لۇتقىمۇ پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ئۇنى (ئاھالىسى بەچچىۋازلىق، قاراقچىلىق قاتارلىق) يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق، چۈنكى ئۇلار ناچار پاسىق قەۋم ئىدى [74]. بىز ئۇنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، چۈنكى ئۇ ياخشىلاردىن ئىدى② [75]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن نۇھنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن بۇرۇن) (قەۋمىنىڭ ھالاكىتىنى تىلەپ) بەتدۇئا قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى (ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى) بۈيۈك بالادىن (يەنى توپان بالاسىدا غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزدۇق (يەنى نۇھنى قەۋمىنىڭ شەررىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق) [76].***

① ﴿نَافِلَةً﴾ زىيادە، ئارتۇق دېگەن مەنىدە، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

پەقەت بىر ئوغۇل تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا ئىسھاقنى بەردۇق ۋە تىلىمىگەن بولسىمۇ بىر نەۋرىنى ئارتۇق بەردۇق.

② لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلى (جىيەن ئوغلى) ئىدى. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىراقتىن شامغا ھىجرەت قىلغانلار جۈملىسىدىن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغىمۇ ئىلىم، ھىكمەت يەنى پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدى. ئۇ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن رايوننىڭ ئىسمى ئەمۇرە ۋە سەدۇم دەپ ئاتىلاتتى. بۇ جاي پەلەستىنىنىڭ بۈھەيرە مەردار دېگەن زېمىنىغا تۇتىشىدىغان ئىئوردانىيە تەرەپتىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن بىر شەھەر ئىدى، بۇ جاينىڭ كۆپ قىسمى ھازىر بۈھەيرە مەردارنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەۋمى يوللاردا ئولتۇرۇپ يولۇچىلارغا تىل-ھاقارەتلەر بىلەن ئازار بېرىدىغان تاش ئاتىدىغان، بەچچىۋازلىق ۋە قاراقچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق يامان ئىللەتلەر بىلەن تونۇلغان قەۋم بولغاچقا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى «يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان» پاسىق قەۋم دەپ ئاتىدى. ئاخىرى ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئۆز رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە ئۇلاردىن قۇتۇلدۇردى. ئاندىن پاسىق قەۋمنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھالاك قىلدى.

وَنَصَرۡنَٰهُ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمَ سَوۡءٖ
فَأَغۡرَقۡنَٰهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٧٧﴾ وَدَاوُۥدَ وَسُلَيۡمَٰنَ إِذۡ يَحۡكُمَانِ فِي ٱلۡحَرۡثِ إِذۡ
نَفَشَتۡ فِيهِ غَنَمُ ٱلۡقَوۡمِ وَكُنَّا لِحُكۡمِهِمۡ شَٰهِدِينَ ﴿٧٨﴾ فَفَهَّمۡنَٰهَا
سُلَيۡمَٰنَۚ وَكُلًّا ءَاتَيۡنَا حُكۡمٗا وَعِلۡمٗاۚ وَسَخَّرۡنَا مَعَ دَاوُۥدَ ٱلۡجِبَالَ
يُسَبِّحۡنَ وَٱلطَّيۡرَۚ وَكُنَّا فَٰعِلِينَ ﴿٧٩﴾

*ئۇنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمدىن قوغىدىدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن يامان قەۋم ئىدى. ئۇلارنىڭ (بىرىنىمۇ قويماي) ھەممىسىنى غەرق قىلدۇق [77]. داۋۇد بىلەن سۇلايمان )نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى*

***كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكمىنى بىز كۆزىتىپ تۇرغان ئىدۇق [78]. (بۇ مەسىلە ھەققىدە) قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلايمانغا چۈشەندۈردۇق①، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ھۆكۈمدارلىق (قابىلىيىتى) ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق، بىز تاغلارنى② ۋە قۇشلارنى③ داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتىشقا بويسۇندۇردۇق، بۇلارنى بىز قىلدۇق④ [79].***

① مۇپەسسىرلەر بۇ قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: بىر ئادەمنىڭ قويلىرى كېچىسى يەنە بىر ئادەمنىڭ بېغىغا كىرىپ، زىرائەتلىرىنى يەپ كەتكەن ئىدى، ئۇلار دەۋالىشىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتىكى پەيغەمبەر ھەم ھاكىم بولغاچقا، بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىپ، بۇزۇلغان زىرائەتنىڭ زىيىنىنى تۆلەش ئۈچۈن قويلارنى باغ ئىگىسىگە بۆيرۇپ بەردى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىگە باشقىچەرەك قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۇنداق ھۆكۈم قىلدى: باغ بىر مەزگىل قوي ئىگىسىگە بېرىلىدۇ، قوي ئىگىسى ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئۇ زىرائەتتىن پايدىلىنىدۇ. قوي بىر مەزگىل باغ ئىگىسىگە بېرىلىدۇ. باغ ئىگىسى باغ بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كېلىپ بولغۇچە ئۇ قويلاردىن پايدىلىنىپ تۇرىدۇ. باغ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن باغمۇ، قويلارمۇ ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ. بىرىنچى ھۆكۈمگە قارىغاندا ئىككىنچى ھۆكۈمنىڭ ئەۋزەللىكى شۇ يەردە ئىدىكى ھېچكىم ئۆز مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالمايتتى. بىرىنچى ھۆكۈم بويىچە بولغاندا قوي ئىگىسى قويلىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىمۇ ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىمۇ ماختىدى ۋە ھەر ئىككىسىگە ئىلىم ۋە ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، دېدى. بەزى كىشىلەر بۇ ئۇقتىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ھەر قانداق مۇجتەھىد (فىقھى مەسىلىلەردە ئىجتىھات قىلغۇچى) چىقارغان ھۆكمىدە توغرا قىلغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام شەۋكانى: بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس، بىر مەسىلىدە ئوخشىمايدىغان (بىر-بىرىگە زىت) ئىككى خىل ھۆكۈم چىقارغان ئىككى مۇجتەھىدنىڭ ھەر ئىككىسى توغرا ھۆكۈم چىقارغان بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى توغرا ھۆكۈم چىقارغان بولىدۇ، يەنە بىرسى خاتا ھۆكۈم چىقارغان بولىدۇ، بىر ۋاقىتتا ئىككىلىسى توغرا بولمايدۇ. ئەمما ھەدىستە كەلگەن «مۇجتەھىد خاتا قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇناھكار

ھېسابلانمايدۇ، ھەر ھالەتتە ئۇنىڭغا بىر ئەجىر بېرىلىدۇ» دېگەن سۆز باشقا بىر گەپ ئەلۋەتتە. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ يەردە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسبىھ ئېيتقاندىكى ئاۋازىدىن تاغلارنىڭ ئەكس سادا قايتۇرغانلىقى مەقسەت قىلىنمايدۇ، ئۇنداق بولغاندا، ئۇنى مۆجىزە دەپ ئاتىغىلى بولمايدۇ. ئادەتتىكى قاتتىق ئاۋازدىنمۇ تاغلاردىن ئەكس سادا كېلىدۇ. بەلكى بۇ يەردە داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە تاغلارنىڭمۇ تەسبىھ ئېيتقانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن تاغلارنىڭ تەسبىھ ئېيتقانلىقى كۆچمە مەنىدە ئەمەس، بەلكى، ھەقىقي مەنىدە كەلگەن بولىدۇ.

③ يەنى قۇشلارمۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تەسبىھ ئېيتىپ كېتەتتى. ﴿وَالطَّيْرَ﴾ زەۋەر ئوقۇلسا، ئۇ چاغدا بۇ يەردىكى باغلىغۇچى ﴿الجبالَ﴾ نى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ﴿وَالطَّيْرُ﴾ پېشلىق ئوقۇلسا، ئۇ چاغدا خەۋىرى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان ئىگە بولغان بولىدۇ، يەنى ﴿وَالطَّيْرُ مُسَخَّرَاتٌ﴾ بولىدۇ، مەنىسى، قۇشلارمۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى، بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى ئۇلارغا قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىلدۈرۈش، ھېكمەت ئاتا قىلىش ۋە شەيئىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئاتا قىلغان بىز ئىدۇق. شۇڭا بۇ ئىشقا ھەيران قىلىش ياكى ئىنكار قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى بىز نېمىنى خالىساق، شۇنى قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز.

وَعَلَّمْنَـٰهُ صَنْعَةَ لَبُوسٍ لَّكُمْ لِتُحْصِنَكُم مِّنۢ بَأْسِكُمْ ۖ فَهَلْ أَنتُمْ شَـٰكِرُونَ ﴿٨٠﴾ وَلِسُلَيْمَـٰنَ ٱلرِّيحَ عَاصِفَةً تَجْرِى بِأَمْرِهِۦٓ إِلَى ٱلْأَرْضِ ٱلَّتِى بَـٰرَكْنَا فِيهَا ۚ وَكُنَّا بِكُلِّ شَىْءٍ عَـٰلِمِينَ ﴿٨١﴾ وَمِنَ ٱلشَّيَـٰطِينِ مَن يَغُوصُونَ لَهُۥ وَيَعْمَلُونَ عَمَلًا دُونَ ذَٰلِكَ ۖ وَكُنَّا لَهُمْ حَـٰفِظِينَ ﴿٨٢﴾

*جەڭلەردە (دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن) سىلەرنى ساقلاش مەقسىتىدە،*

***داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق①، سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلىۋاتامسىلەر؟ (يەنى شۈكۈر قىلىڭلار ۋە نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار!) [80]. بىز سۇلايمانغا قاتتىق چىقىدىغان شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق②، شامال سۇلايماننىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا (يەنى شامغا) باراتتى، بىز ھەممىنى بىلگۈچىمىز [81]. سۇلايمانغا غەۋۋاسلىق (قىلىپ دېڭىزدىن ئۈنچە - مارجان سۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان)، يەنە (ئېگىز سارايلارنى سېلىشتەك) باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان بىر قىسىم شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق③، بىز ئۇلارنى (سۇلايماننىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشتىن) ساقلايتتۇق④ [82].***

① يەنى بىز تۆمۈرنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا يۇمشاق قىلىپ بەرگەن ئىدۇق، ئۇ تۆمۈر ھالقىلارنى بىر-بىرىگە تەكشى ئۇلاپ، جەڭلەردە سىلەرنى قوغدايدىغان ساۋۇتلارنى ۋە جەڭ كىيىملىرىنى ياسىدى. قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى جەڭلەردە ئىشلىتىدىغان ساۋۇت ھالقىسىز ھالەتتە ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىرىنچى بولۇپ ساۋۇتنى تەكشى ھالقىلىق قىلىپ ياسىغان كىشى بولدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تاغلار ۋە قۇشلار بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەندەك، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا شامال بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام چوڭ بىر تەختنىڭ ئۈستىدە پۈتۈن دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، قەيەرگە بارماقچى بولسا، شامالغا بۇيرۇيتتى، شامال بۇ تەختنى ئۇچۇرۇپ، خالىغان جايلارغا ئاپىراتتى، نەچچە ئايلىق مۇساپىنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە باساتتى. بۇ يەردىكى بەرىكەتلىك زېمىندىن شام دىيارى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ جىن-شەيتانلارمۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزلارغا چۆكۈپ، ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە گۆھەرلەرنى سۈزۈپ چىقاتتى، بىناكارلىق ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتى. دېمەك قايسى ئىشقا بۇيرۇسا، شۇ ئىشنى قىلاتتى.

④ يەنى جىن-شەيتانلارنىڭ تەبىئىتىدە ئىتائەتسىزلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق

خاراكتېرى بار ئىدى، بىز سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ سەركەشلىكىدىن ساقلىدۇق، شۇڭا ئۇلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقۇرىشىدىن چىقىپ كېتىشكە ئامال تاپالمىغان ئىدى.

۞ وَأَيُّوبَ إِذۡ نَادَىٰ رَبَّهُۥٓ أَنِّي مَسَّنِيَ ٱلضُّرُّ وَأَنتَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٨٣﴾
فَٱسۡتَجَبۡنَا لَهُۥ فَكَشَفۡنَا مَا بِهِۦ مِن ضُرّٖۖ وَءَاتَيۡنَٰهُ أَهۡلَهُۥ وَمِثۡلَهُم
مَّعَهُمۡ رَحۡمَةٗ مِّنۡ عِندِنَا وَذِكۡرَىٰ لِلۡعَٰبِدِينَ ﴿٨٤﴾ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِدۡرِيسَ
وَذَا ٱلۡكِفۡلِۖ كُلّٞ مِّنَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٨٥﴾ وَأَدۡخَلۡنَٰهُمۡ فِي رَحۡمَتِنَآۖ إِنَّهُم مِّنَ
ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٦﴾ وَذَا ٱلنُّونِ إِذ ذَّهَبَ مُغَٰضِبٗا فَظَنَّ أَن لَّن نَّقۡدِرَ
عَلَيۡهِ فَنَادَىٰ فِي ٱلظُّلُمَٰتِ أَن لَّآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَٰنَكَ إِنِّي كُنتُ
مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٧﴾

*ئەييۇب )نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ رەببىگە: «ھەقىقەتەن ماڭا بالا (يەنى كېسەل) تەگدى، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىمدىلىسەن» دەپ دۇئا قىلدى [83]. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق. يەنە ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىزدىن، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئۈلگە بولسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرىنى ئاتا قىلدۇق① (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا - چاقا، بىر ھەسسە كۆپ مال - مۈلۈك بەردۇق) [84]. ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفل② )نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇلارنىڭ ھەممىسى (تائەت - ئىبادەتتە) چىدامچان كىشىلەر ئىدى (يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق ئىدى ۋە گۇناھلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالاتتى) [85] ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى [86]. بېلىق ساھىبى يۇنۇس③ )نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) رەنجىپ (شەھىرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى*

***قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى (ئۇنى بېلىق يۇتتى)، ئۇ قاراڭغۇ زۇلمەتلەر ئىچىدە④: «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ ئىلتىجا قىلدى [87].***

① قۇرئان كەرىمدە ئەييۇب ئەلەيھىسسالام سەۋرچان دەپ سۈپەتلەندى (سۈرە ساد 44-ئايەت) بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر شۇ قەدەر ئېغىر بولسىمۇ، سەۋر قىلىش بىلەن شۈكۈر قىلىشنى تەرك ئەتمىگەن. ئۇنىڭغا يەتكەن كۈلپەت ۋە سىناقلارنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. شۇنداقتىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بايانىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كۆپ مال-مۈلۈك، بالا-چاقا قاتارلىق كۆپ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان، كېيىن سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەزكۇر نېمەتلەر تارتىۋېلىنغان، ھەتتا جىسمانىي ساغلاملىقىنىمۇ ئايرىلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان. ئاخىرى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئون سەككىز يىل داۋاملاشقان كۈلپەت ۋە سىناقلاردىن كېيىن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان، كېسەللىكگە شىپالىق ئاتا قىلغان، مال-مۈلۈكى ۋە بالا-چاقىلىرىنى ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق قىلىپ قايتۇرۇپ بەرگەن. (ئۇنىڭ تەپسىلاتى سەھىھ ئىبنى ھىبباندا 4-توم 244-بەت، مەجمەئۇززەۋائىد 208-بەتتە تېپىلىدۇ) شىكايەت ۋە مالامەت سەۋرىگە زىت كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇ پەقەت شىكايەت قىلىپ باقمىغان، ئەمما دۇئا قىلىش سەۋر قىلمىغانلىق ھېسابلانمايدۇ ئەلۋەتتە. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسىغا قارىتا ئاللاھ تائالا ﴿بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق﴾ دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتى.

② زۇلكىفلىنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بار، بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى پەيغەمبەر ئىدى دېسە، بەزىلەر ئۇنى ئەۋلىيا ئىدى، دەيدۇ. ئىمام ئىبنى جەرىر ئۆز تەپسىرىدە بۇ ھەقتە سۈكۈت قىلىشنى تاللىدى. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: زۇلكىفلىنىڭ قۇرئان كەرىمدە باشقا پەيغەمبەرلەر بىلەن بىر يەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

③ ﴿ذَا النُّونِ﴾ «بېلىق ساھىبى» دېگەندىن يۇنۇس ئەلەيھىسسالام كۆزدە

تۇتۇلىدۇ، ئۇ ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغان قەۋمىدىن نارازى بولۇپ، ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن بىر ئازابنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويۇپلا، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىنىمۇ ئالماستىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنى جازالاش يۈزىسىدىن بېلىقنىڭ قارنىغا كىرگۈزۈۋەتتى. بۇ قىسسىنىڭ بىر قىسمى سۈرە يۇنۇستە بايان قىلىنغان ئىدى، داۋامى سۈرە سافغاتتا كېلىدۇ.

④ ﴿الظُّلُمَٰتِ﴾ " ظُلْمَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى، زۇلمەتلەر، قاراڭغۇلۇقلار دېگەن مەنىدە. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلارنىڭ ئىچىدە قالدى، ئۇ قاراڭغۇلۇقلار كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، دېڭىز ئاستىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە بېلىقنىڭ قورسىقىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىدى.

فَٱسْتَجَبْنَا لَهُۥ وَنَجَّيْنَٰهُ مِنَ ٱلْغَمِّ ۚ وَكَذَٰلِكَ نُـۨجِى ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨٨﴾
وَزَكَرِيَّآ إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥ رَبِّ لَا تَذَرْنِى فَرْدًا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْوَٰرِثِينَ ﴿٨٩﴾
فَٱسْتَجَبْنَا لَهُۥ وَوَهَبْنَا لَهُۥ يَحْيَىٰ وَأَصْلَحْنَا لَهُۥ زَوْجَهُۥٓ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟
يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْخَيْرَٰتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا ۖ وَكَانُوا۟ لَنَا
خَٰشِعِينَ ﴿٩٠﴾

***(شۇنىڭ بىلەن) بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق، بىز مۇئمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز① [88]. زەكەرىييا )نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ رەببىگە: «ئى رەببىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىغىن، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىسسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن)» دەپ نىدا قىلدى [89]. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق②، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئايالىنى ئىسلاھ قىلىپ (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ) بەردۇق③. (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە ۋايىغا***

*يەتكەن كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى④ [90].*

① يەنى بىز يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى قاراڭغۇلۇقلاردىن ۋە بېلىقنىڭ قارنىدىن قۇتقۇزدۇق. ھەربىر مۆئمىن مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ۋە كۈلپەتكە يولۇققاندا بىزگە دۇئا قىلسا، بىز ئۇنىڭغا نىجاتلىق ئاتا قىلىمىز. بۇ دۇئا ھەدىستىمۇ بايان قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق مۇسۇلمان يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قىلغان بۇ دۇئانى ئوقۇپ ھاجىتىنى سورىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ». (سۈنەنى تىرمىزى 3505-ھەدىس، ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان ھەدىس)

② زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ياشانغان ۋاقتىدا ئاللاھ تائالادىن پەرزەنت تىلىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە مەريەمنىڭ بېشىدا ۋە سۈرە ئال ئىمراندا بايان قىلىندى. بۇ ئايەتمۇ مەزكۇر ۋەقەلىككە ئىشارە قىلدى.

③ يەنى ئۇنىڭ ئايالى تۇغماس ئىدى. بىز ئۇنى تۇغىدىغان قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر سالىھ ئوغۇل ئاتا قىلدۇق.

④ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەسىلەن: دۇئادا يېلىنىش، يالۋۇرۇش، ئىلتىجا قىلىش، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تەلپۈنۈپ، مۇناجات قىلىش، ئالدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ تىلەش، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كەمتەرلىكىنى ئىزھار قىلغان ھالدا دۇئا قىلىش.

وَٱلَّتِيٓ أَحۡصَنَتۡ فَرۡجَهَا فَنَفَخۡنَا فِيهَا مِن رُّوحِنَا وَجَعَلۡنَٰهَا
وَٱبۡنَهَآ ءَايَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩١﴾ إِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَأَنَا۠
رَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُونِ ﴿٩٢﴾ وَتَقَطَّعُوٓاْ أَمۡرَهُم بَيۡنَهُمۡۖ كُلٌّ إِلَيۡنَا رَٰجِعُونَ ﴿٩٣﴾
فَمَن يَعۡمَلۡ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَلَا كُفۡرَانَ لِسَعۡيِهِۦ
وَإِنَّا لَهُۥ كَٰتِبُونَ ﴿٩٤﴾ وَحَرَٰمٌ عَلَىٰ قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَآ أَنَّهُمۡ لَا يَرۡجِعُونَ ﴿٩٥﴾

***ئىپپىتىنى ساقلىغان ئايال (مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇنىڭغا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بولغان بىر روھنى پۈۋلىدۇق (پۈۋلەنگەن روھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىيساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇنى ۋە ئوغلى (ئىيسا) نى ئالەملەر ئۈچۈن (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلدۇق① [91]. (ئى ئىنسانلار!) شەكسىزكى، سىلەرنىڭ دىنىڭلار (ئىسلامدىن ئىبارەت) بىرلا دىندۇر②. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، شۇڭا سىلەر ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار [92]. ئۇلار ئۆز ئارىسىدا (دىن) ئىشىدا پىرقە - پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى③، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلاردۇر [93]. كىمكى مۇئمىن بولغان ھالدا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى (يەنى قىلغان ياخشى ئىشى) زايا بولۇپ كەتمەيدۇ. بىز ئۇنى (يەنى نامە - ئەمالنى) چوقۇم يېزىپ تۇرىمىز [94]. بىز ھالاك قىلغان شەھەر (ئاھالىسى) نىڭ دۇنياغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس④ [95].***

① بۇ ئايەت مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسىگە قارىتىلغان بولۇپ، تەپسىلاتى ئىلگىرى بايان قىلىندى.

② ﴿أُمَّةً﴾ دېگەندىن بۇ يەردە دىن ياكى مىللەت مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار ياكى مىللىتىڭلار بىردۇر. دىن بولسا، تەۋھىدنى تەرغىب قىلىدىغان، بارلىق پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان دىندۇر. مىللەت بولسا، ئىسلام مىللىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مىللىتى بولۇپ كەلگەن. چۈنكى ئىسلام ئەزەلدىن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دىنى بولۇپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى ئاتا بىر، ئانا باشقا قېرىنداشلارمىز، بىزنىڭ دىنىمىز بىردۇر». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ يەنى ئىنسانلار تەۋھىد دىنىنى ۋە بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئېتىپ، ھەر خىل پىرقە ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر پىرقە مۇشرىكلار ۋە كاپىرلار پىرقىسى بولدى. يەنە رەسۇل ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكۈچىلەرمۇ ھەر خىل پىرقىلەرگە بۆلۈندى. بەزىسى يەھۇدىي پىرقىسى، بەزىسى ناسارا پىرقىسى بولدى، بەزىسى باشقا بىر پىرقە بولدى. ئەپسۇسكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ ھەر خىل گۇرۇھ ۋە پىرقىلەر

پەيدا بولىدى، ئۇلارمۇ كۆپ پىرقىلەرگە ئايرىلىدى. بۇ بارلىق پىرقىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتقاندا ئاللاھ ئۆزى ئۇلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

④ بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، بىز كۇفرىلىقى ۋە زالىملىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىشى ﴿حَرَٰمٌ﴾ ھارامدۇر، يەنى مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇنىڭدا ﴿لَا يَرۡجِعُونَ﴾دىكى ﴿لَا﴾ ئارتۇق بولغان بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، بىز ھالاك قىلغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاخىرەتكە قايتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار چوقۇم ئاخىرەتكە قايتىدۇ.

حَتَّىٰٓ إِذَا فُتِحَتۡ يَأۡجُوجُ وَمَأۡجُوجُ وَهُم مِّن كُلِّ حَدَبٖ يَنسِلُونَ ﴿٩٦﴾
وَٱقۡتَرَبَ ٱلۡوَعۡدُ ٱلۡحَقُّ فَإِذَا هِيَ شَٰخِصَةٌ أَبۡصَٰرُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
يَٰوَيۡلَنَا قَدۡ كُنَّا فِي غَفۡلَةٖ مِّنۡ هَٰذَا بَلۡ كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٩٧﴾ إِنَّكُمۡ
وَمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ أَنتُمۡ لَهَا وَٰرِدُونَ ﴿٩٨﴾ لَوۡ
كَانَ هَٰٓؤُلَآءِ ءَالِهَةٗ مَّا وَرَدُوهَاۖ وَكُلّٞ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٩٩﴾

***يەجۇج ـ مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىنىنىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ① [96]. ھەق ۋەدە (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ قالىدۇ②، (ئۇلار) «ۋاي ئىست بىزگە! بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قاپتۇق، بەلكى بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىپتۇق» (دەپ كېتىدۇ) [97]. (ئى مۇشرىكلار!) شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر③ [98]. ئەگەر (سىلەر چوقۇنۇۋاتقان) ئاشۇ نەرسىلەر ئىلاھ بولىدىغان بولسا، دوزاخقا كىرمىگەن بولاتتى (چوقۇنغۇچى ۋە چوقۇنۇلغۇچى) ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ④ [99].***

① يەجۈج-مەجۈج ۋەقەسى سۈرە كەھفنىڭ ئاخىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى. ئۇلار قىيامەتكە يېقىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام بار چاغدا تاغ توسمىلىرىدىن چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى ۋە تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىشىدىن خۇددى ئېگىز تۆپىلىكلەردىن يۇگۈرۈپ چۈشكەندەك بىلىنىدۇ. يەجۈج- مەجۈجلەرنىڭ زېمىندا ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچى-لىقلىرىدىن مۇسۇلمانلار قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەرنى ئېلىپ تۇر تېغىدا پاناھلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەددۇئا قىلىشى بىلەن ھالاك بولىدۇ. ھەممە جايىنى يەجۈج-مەجۈجنىڭ جەسەتلىرى ۋە سېسىق پۇراقلىرى قاپلايدۇ، بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ قۇشلار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆتۈرۈپ دېڭىزغا تاشلايدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ناھايىتى مول يامغۇر ياغدۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن زېمىن پاكلىنىدۇ. (بۇنىڭ تەپسىلاتى سەھىھ ھەدىسلەردە ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىردە بايان قىلىنغان)

② يەنى يەجۈج-مەجۈج چىققاندىن كېيىن شەكسىز بولىدىغان قىيامەت تېخىمۇ يېقىنلاشقان بولىدۇ. قىيامەت بولغاندا ئۇنىڭ دەھشىتىدىن كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ.

③ بۇ ئايەت مەككە مۇشرىكلىرى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار لات، مانات، ئۇززا ۋە ھۇبەل ناملىق بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئۇ بۇتلارنىڭ ھەممىسى تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئەقىل-ئىدراكتىن خالىي، جانسىز نەرسىلەر ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ يەردە ﴿مَا تَعْبُدُوْنَ﴾ دېگەن سۆز ئىشلىتىلدى. " ما " دېگەن قوشۇمچە ئەرەب تىلىدا ئەقىلسىز نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەت شۇنى بايان قىلىۋاتىدۇكى، سىلەرمۇ ۋە سىلەر ئۆزۈڭلار ياساپ، چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلارمۇ دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىسىلەر. گەرچە تاشتىن ياسالغان بۇتلارنىڭ ئەقلى ۋە ھېس-تۇيغۇسى يوق بولغانلىقتىن ھېچ خاتالىقى بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى بىلەن بىللە دوزاخقا تاشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت مۇشرىكلارنى تېخىمۇ خار قىلىش ھەمدە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ چوقۇنغان ۋە چوڭ بىلگەن مەبۇدلىرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە دوزاخقا يېقىلغۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

④ يەنى ئۇ بۇتلار راستتىنلا مەبۇد بولغان بولسا، خالىغىنىنى

قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان بولاتتى ۋە ئىلاھلارنى جەھەننەمگە كىرىشتىن توسۇپ قالاتتى. لېكىن ئۇ بۇتلارمۇ ئىبرەت سۈپىتىدە جەھەننەمگە تاشلىنىۋاتسا، ئىلاھلارنى ئۇنىڭدىن قانداقمۇ قۇتقۇزالىسۇن؟ خۇلاسە شۇكى، چوقۇنغۇچى ۋە چوقۇنۇلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ.

لَهُمْ فِيهَا زَفِيرٌ وَهُمْ فِيهَا لَا يَسْمَعُونَ ﴿١٠٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ سَبَقَتْ لَهُم
مِّنَّا ٱلْحُسْنَىٰٓ أُو۟لَـٰٓئِكَ عَنْهَا مُبْعَدُونَ ﴿١٠١﴾ لَا يَسْمَعُونَ حَسِيسَهَا ۖ
وَهُمْ فِى مَا ٱشْتَهَتْ أَنفُسُهُمْ خَـٰلِدُونَ ﴿١٠٢﴾ لَا يَحْزُنُهُمُ ٱلْفَزَعُ
ٱلْأَكْبَرُ وَتَتَلَقَّىٰهُمُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ هَـٰذَا يَوْمُكُمُ ٱلَّذِى كُنتُمْ
تُوعَدُونَ ﴿١٠٣﴾ يَوْمَ نَطْوِى ٱلسَّمَآءَ كَطَىِّ ٱلسِّجِلِّ لِلْكُتُبِ ۚ كَمَا
بَدَأْنَآ أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُۥ ۚ وَعْدًا عَلَيْنَآ ۚ إِنَّا كُنَّا فَـٰعِلِينَ ﴿١٠٤﴾

ئۇلار دوزاختا ھەمىشە پەرياد چېكىپ تۇرىدۇ، (ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن) ئۇلار دوزاختا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ① [100]. شەكسىزكى، بىز تەرەپتىن سائادەتكە تېگىشلىك بولىدىغانلىقى ئالدىن بېكىتىلگەنلەر بولسا دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ② [101]. ئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ، كۆڭلى تارتقان نازۇنېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ [102]. (ئۇ كۈندىكى) ئەڭ چوڭ دەھشەتمۇ③ ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: «مانا بۇ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (بەختلىك) كۈنۈڭلاردۇر» دەپ ئۇلارنى (جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ [103]. ئۇ كۈندە بىز ئاسماننى (خۇددى پۈتۈكچى) خەت يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز④. مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، بىز (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز [104].

① يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئەلەم ۋە قايغۇ سەۋەبىدىن نالە-

پەرياد قىلىپ تۇرىدۇ، نالە-پەريادنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ.

② بەزى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا مۇنداق بىر سوئال پەيدا بولۇشى مۇمكىنكى، ئىيسا ۋە ئۇزەير ئەلەيھىسسالاملار، پەرىشتىلەر ۋە باشقا سالىھ كىشىلەرمۇ چوقۇنۇلغان، ئۇنداق بولغاندا ئۇلارمۇ چوقۇنغۇچىلىرى بىلەن دوزاخقا تاشلىنامدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مۇشرىكلارمۇ مۇشۇنداق بىر سوئالنى سورىغان ئىدى. بۇ ئايەت مەزكۇر سوئالغا جاۋاب بەردىكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىشىشىنى قارار قىلىپ بولدى ھەمدە جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىپ بولدى، ئۇلار دوزاخقا كىرمەيدۇ.

بۇ ئىبارە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، دۇنيادا ئۆزىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن چوقۇنۇلۇشىنى ئارزۇ قىلغانلار، ھەتتا قەبرىلىرىگە گۈمبەز ياسىلىپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ قىلىنىشىنى پىلانلىغانلار جەھەننەمگە يېقىلغۇ بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ غەيرىيگە چوقۇنۇشقا چاقىرغانلار ئايەتتىكى «سائادەتكە ئېرىشىلىك بولىدىغانلىقى ئالدىن بېكىتىلگەنلەر» قاتارىغا قەتئىي كىرمەيدۇ.

③ «ئەڭ چوڭ دەھشەت» دېگەندىن ئىسراپىل سۇر چالغان چاغدىكى دەھشەتلىك ھالەت ياكى قىيامەتتىكى دوزىخىيلار دوزاخقا تاشلانغان ۋاقىتتىكى دەھشەتلىك ھالەت ياكى بەندىلەر ھالىمىز نېمە بولار دەپ ئەنسىرەپ قورقۇنچ ئىچىدە تۇرغان ھالەت ياكى ئۆلۈمنىڭ دوزاخ بىلەن جەننەت ئارىسىدا بوغۇزلانغان ۋاقىتتىكى قورقۇنچلۇق ھالەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جۈملىنىڭ سىياقىغا ئاساسەن ئىسراپىل سۇر چالغان ھامان قىيامەت قايىم بولغان چاغدىكى دەھشەتلىك ھالەت كۆزدە تۇتۇلسا، ئەڭ توغرا بولىدۇ.

④يەنى خۇددى پۈتۈكچى خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن قەغەزنى ياكى دەپتەرنى قاتلىغاندەك. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿وَالسَّمٰوٰتُ مَطْوِيّٰتٌ بِيَمِينِهِ﴾ ﴿ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ﴾.(سۈرە زۇمەر 67 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ﴿السِّجِلِّ﴾ سەھىپە ۋە خاتىرە دەپتەر دېگەن مەنىدە. ﴿لِلْكُتُبِ﴾ دىكى" لام " " على" مەنىسىدە كەلگەن يەنى "عَلَى الْكُتُبِ بِمَعْنَى الْمَكْتُوْبِ" يەنى ئۈستىگە خەت يېزىلغان قەغەز، مەكتۇپ

دېگەن مەنىدە. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) دېمەك، پۈتۈكچىگە خەت يېزىلغان قەغەزلەرنى قاتلاش ئاسان بولغاندەك، ئاللاھ تائالا ئۈچۈنمۇ كەك ئاسماننى قولدا قاتلاپ تۈتۈش ھېچ مۈشكۈل ئەمەس.

وَلَقَدۡ كَتَبۡنَا فِي ٱلزَّبُورِ مِنۢ بَعۡدِ ٱلذِّكۡرِ أَنَّ ٱلۡأَرۡضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ ٱلصَّٰلِحُونَ ﴿١٠٥﴾ إِنَّ فِي هَٰذَا لَبَلَٰغٗا لِّقَوۡمٍ عَٰبِدِينَ ﴿١٠٦﴾

*بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا① «زېمىنغا چوقۇم مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق [105]. شەكسىزكى، بۇ قۇرئاندا (بايان قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتلەردە، ئاللاھقا لايىقىدا) ئىبادەت قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئىبرەت بار② [106].*

① ﴿الزَّبُورِ﴾ دېگەندىن داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن زەبۇر. ﴿الذِّكْرِ﴾ دېگەندىن ۋەز-نەسىھەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ﴿بىز ۋەز-نەسىھەتتىن كېيىن، زەبۇردا «زېمىنغا چوقۇم مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق﴾. يەنە بىر مەنىسى ﴿الزَّبُورِ﴾ دېگەندىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلار، ﴿الذِّكْرِ﴾ دېگەندىن لەۋھۇلمەھپۇز كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، زەبۇردا (يەنى ساماۋى كىتابلاردا) «زېمىنغا چوقۇم مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق﴾. دېمەك بۇ سۆزلەر ھەممىدىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان ئاندىن ساماۋى كىتابلارغىمۇ يېزىلىپ تۇرغان، ئۇ بولسىمۇ «زېمىنغا ھەقىقەتەن مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت. بۇ ئايەتتىكى «زېمىن» دېگەندىن بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە جەننەت زېمىنى، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە كاپىرلار زېمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى زېمىندا ھۆكۈمران بولىدۇ. ھېچ شەك يوقكى، قاچانكىچە مۇسۇلمانلار «ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى» دېگەن سۈپەتنى ساقلاپ قالىدىكەن، دۇنيادا ھۆكۈمران ۋە كۈچلۈك بولىدۇ، يەنە ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن جەننەت زېمىنىغا ۋارىس بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم قالغان ھازىرقى ھالىتىنى

بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبكە باغلىماسلىق لازىم. بۇ ۋەدىنىڭ شەرتى بەندىلەرنىڭ «سالىھ» بولۇشىدۇر. "إذا فات الشرط فات المشروط" «شەرت يوقالسا، شەرت قىلىنغان نەرسىمۇ يوقىلىدۇ» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن مۇسۇلمانلار «سالىھ» دېگەن سۈپەتتىن ئايرىلغانلىقتىن ھاكىمىيەتتىنمۇ ئايرىلغان. بۇ ئايەتتە ھاكىمىيەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى بايان قىلىندى، ئۇ بولسىمۇ «سالىھ» ياخشى بەندە بولۇش يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرى بويىچە ھايات كەچۈرۈش ۋە چەكلىمىلىرىدىن ساقلىنىپ ياشاشتۇر.

② ﴿فِي هَٰذَا﴾ «بۇنىڭدا» دېگەن بۇ سۈرىدە ھەر خىل ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان يوليورۇق، ئۇقتۇرۇش، دەلىل، ۋەز-نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بار دېگەننى كۆرسىتىدۇ. ﴿بَلَٰغٗا﴾ يېتەرلىك ۋە پايدىلىق دېگەن مەنىدە، يەنى ئۇ ۋەز-نەسىھەتلەر يېتەرلىك ۋە پايدىلىقتۇر. يەنە بىر مەنىسى «بۇنىڭدا» دېگەن قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ، يەنى قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق ھەم يېتەرلىك ۋەز-نەسىھەت، ئىبرەت بار دېمەكتۇر. ﴿عَٰبِدِينَ﴾ دېگەندىن پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە چىن قەلبى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان، شەيتانغا ۋە نەپسى خاھىشىغا بويسۇنۇشتىن ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇشنى ئەلا بىلىدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا رَحۡمَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ ١٠٧ قُلۡ إِنَّمَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ
إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ فَهَلۡ أَنتُم مُّسۡلِمُونَ ١٠٨ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَقُلۡ
ءَاذَنتُكُمۡ عَلَىٰ سَوَآءٖۖ وَإِنۡ أَدۡرِيٓ أَقَرِيبٌ أَم بَعِيدٞ مَّا تُوعَدُونَ ١٠٩
إِنَّهُۥ يَعۡلَمُ ٱلۡجَهۡرَ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ وَيَعۡلَمُ مَا تَكۡتُمُونَ ١١٠

***(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق① [107]. (مۇشرىكلارغا) «ماڭا ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى كېلىپ تۇرىدۇ، ئەمدى سىلەر مۇسۇلمان (ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچى) بولامسىلەر؟» دېگىن② [108]. ئەگەر ئۇلار (يەنىلا ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسە، ئېيتقىنكى، «مەن (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) ھەممىڭلارغا ئوخشاش ئۇقتۇردۇم③، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ؟***

***بىلمەيمەن④ [109]. شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا سۆزنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ [110].***

① ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرسە، بۇ رەھمەتنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتىگە شۈكۈر ئادا قىلغان بولىدۇ. نەتىجىدە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن جاھانغا پەيغەمبەر ۋە ئەلچى بولۇپ ئەۋەتىلگەن بولغاچقا، ئۇ پۈتۈن جاھان ئۈچۈن رەھمەت يەنى ئەمر ـ پەرمانلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى دىن ۋە دۇنيانىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇنى ئېتىبارغا ئېلىپ دېدىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈنمۇ رەھمەتتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ رەھمەت بولغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ئۇممەت ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالغان. ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر بولسا خاتا يېزىلغان ھەرپ ئۆچۈرۈلگەندەك، زېمىن يۈزىدىن ئۆچۈرۈلۈپ تۇرغان. شۇ ۋەجىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىگە ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىدىغان ئازاب كەلمەيدۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى دەۋەتكە ئاۋاز قوشقان ھەم دەۋەت قىلغۇچى بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن بارلىق ئىنسانلار توپىنى كۆرسىتىدۇ). ھەدىسلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار ئۈچۈن بەتدۇئا قىلمىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكىدىن ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن لەنەت تىلەپ بەتدۇئا قىلىدىغان قىلىنىپ ئەۋەتىلمىدىم. بەلكى رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم 2599 ـ ھەدىس) يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاچچىقىمدا ئۇممىتىمدىن بىرەر كىشىنى تىللاپ تاشلىغان بولسام، مەنمۇ ئادەم بالىسى، باشقىلارغا ئوخشاش غەزەپلىنىمەن، ئاللاھ مېنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن، شۇ ۋەجىدىن ئۇ كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىگە دۇئا قىلىمەن». (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4659 ـ ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد، 5 ـ توم، 437 ـ بەت، ئەلبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 1758 ـ ھەدىس) ئۇنىڭ شۇنداق دۇئا قىلىشىمۇ ئۇنىڭ رەھمەت ئىكەنلىكى ۋە رەھمدىللىكىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى يەنە بىر ھەدىس تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئاللاھ تەرەپتىن پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن ھەدىيە، رەھمەت نەمۇنىسى قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم». (سەھىھۇل جامى سەغىر 1-توم، 463-بەت، 2345-ھەدىس)

② بۇ ئايەت ئالدىنقى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھىم بىر نۇقتا بايان قىلىنىدىكى، ئەسلىي رەھمەت ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش ۋە شېرىكتىن ساقلىنىشتۇر.

③ يەنى مەن بىلدىمكى، سىلەر مەن چاقىرغان تەۋھىد ۋە ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ، ماڭا دۈشمەن بولدۇڭلار، سىلەرمۇ بىلىپ قىلىڭلاركى، شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ سىلەرگە دۈشمەن بولدۇم، ئەمدى ئارىمىزدا سۈلھى يوق، بەلكى ئۇرۇش بولىدۇ.

④ بۇ ۋەدىدىن قىيامەت، ئازاب ياكى ئاللاھنىڭ ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ماڭا ئاللاھ تەرەپتىن سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسى يېقىنمۇ، يىراقمۇ؟ بىلمەيمەن.

وَإِنۡ أَدۡرِي لَعَلَّهُۥ فِتۡنَةٞ لَّكُمۡ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ ﴿١١١﴾ قَٰلَ رَبِّ ٱحۡكُم بِٱلۡحَقِّۗ وَرَبُّنَا ٱلرَّحۡمَٰنُ ٱلۡمُسۡتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ ﴿١١٢﴾

***مەن بىلمەيمەن، بەلكىم ئۇ (يەنى سىلەرگە بېرىلىدىغان جازانىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى) سىلەر ئۈچۈن بىر سىناق ۋە ۋاقىتلىق پايدىلىنىش بولسا كېرەك» [111]. (پەيغەمبەر) ئېيتتى: «ئى رەببىم! (بىز بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن①، بىزنىڭ رەببىمىز رەھمان ئاللاھتۇر، ئۇ سىلەرنىڭ بوھتان سۆزلىرىڭلارغا قارشى ياردەم تىلىنىدىغان زاتتۇر»② [112].***

① يەنى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى سىلەر ئۈچۈن بىر سىناقمۇ ياكى مەلۇم ۋاقىتقا قەدەر پايدىلىنىش ئۈچۈن بېرىلگەن مۆھلەتمۇ؟ بۇنى مەن بىلمەيمەن.

② يەنى سىلەرنىڭ مەن توغرۇلۇق قىلغان ھەر خىل سۆزلىرىڭلار ياكى ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن بوھتان سۆزلىرىڭلارغا قارشى رەببىمىز ئاللاھ بار، ئۇ ناھايىتى شەپقەت قىلغۇچى ۋە ياردەم بەرگۈچىدۇر.

# سۈرە ھەج

| (٢٢) سورة الحج مدنية ٧٨ آية | (22) سۈرە ھەج مەدىنىدە چۈشكەن 78 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمْۚ إِنَّ زَلْزَلَةَ ٱلسَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ ١
يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّآ أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ
حَمْلَهَا وَتَرَى ٱلنَّاسَ سُكَٰرَىٰ وَمَا هُم بِسُكَٰرَىٰ وَلَٰكِنَّ عَذَابَ
ٱللَّهِ شَدِيدٌ ٢

***ئى ئىنسانلار! رەببىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر (يەنى دەھشەتلىك بىر ھادىسىدۇر) [1]. سىلەر ئۇ زىلزىلىنى كۆرىدىغان كۈندە، ھەر بىر ئېمىتكۈچى (ئايال قاتتىق قورقىنىدىن) ئېمىۋاتقان (بوۋىقىنى) ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ (يەنى ھامىلىسى چۈشۈپ كېتىدۇ)، ئىنسانلارنى مەست ھالەتتە كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مەست ئەمەس، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر (شۇڭا ئۇلار ئاشۇنداق بولۇپ قالىدۇ)① [2].***

★ بۇ سۈرىنىڭ مەككىدە ياكى مەدىنىدە چۈشكەنلىكى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ بار، توغرىسى شۇكى، بۇ سۈرىنىڭ بىر قىسمى مەككىدە يەنە بىر قىسمى مەدىنىدە چۈشكەن. قۇرتۇبى شۇنداق دېگەن. (فەتھۇلقەدىر) بۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئىككى سەجدە ئايىتى بار بىردىنبىر سۈرە ھېسابلىنىدۇ.

① مەزكۇر ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان زىلزىلىنىڭ نەتىجىسى ئىككىنچى ئايەتتە بايان قىلىنىدى. ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، كىشىلەر قاتتىق قورقۇنچ ۋە دەھشەتكە دۇچار بولۇپ، تېڭىرقاپلا قالىدۇ. بۇ دەھشەتلىك ئەھۋال قىيامەتتىن بۇرۇن يۈز بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ پانىي دۇنيا يوقىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ دەھشەتلىك ئەھۋال قىيامەتتىن كېيىن كىشىلەر قەبرىلىرىدىن چىقىپ، مەھشەر مەيدانىغا جەم بولغاندا يۈز بېرىدۇ. كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ئالدىنقى قاراشنى توغرا دېسە، بەزىلەر كېيىنكىسىنى توغرا دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككىنچى قاراشنى كۈچلەندۈرىدىغان ھەدىسلەر بار، مەسىلەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئەمر قىلىپ، بالىلىرىڭدىن بىر قىسمىنى ھەر 1000 كىشىدىن 999 كىشىنى دوزاخقا ئايرىغىن، دەيدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ياشلار قېرىپ كېتىدۇ، ئىنسانلار مەستلەردەك بېھۇش بولۇپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار مەست ئەمەس، بەلكى ئازابنىڭ دەھشىتى ئۇلارنىڭ ئەس - ھوشىنى كەتكۈزۈۋەتكەن بولىدۇ. بۇ گەپ ساھابىلەرگە بەك ئېغىر كەلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ، يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: (پەرىشان بولماڭلار) «بۇ 999 كىشى يەجۇج - مەجۇجدىن (يەنە باشقا كاپىرلاردىن) بولىدۇ ۋە بىرى سىلەردىن بولىدۇ، سىلەرنىڭ (ساڭلار) باشقا ئۈممەتلەرگە نىسبەتەن قىزىل ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى قارا تۈك ياكى قارا ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى ئاق تۈكتەك بولىدۇ. ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى ئۈچتىن بىرى ياكى يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ساھابىلەر (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 4741-ھەدىس) ئالدىنقى قاراشمۇ دەلىلسىز ئەمەس، ئۇنىمۇ بەزى زەئىپ ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى زىلزىلە ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدىن قورقۇنچ ۋە دەھشەتنىڭ قاتتىقلىقى مەقسەت قىلىنغان بولسا، (قارىماققا شۇنداقتەك تۇرىدۇ) دەھشەتلىك قورقۇنچ ھەر ئىككى جايدا بولىدۇ دېگەن گەپ. شۇ ۋەجىدىن ھەر ئىككى قاراشنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئايەتتە ۋە سەھىھۇل بۇخارىدىكى ھەدىستە بايان

قىلىنغانىدەك، ھەر ئىككى جايدا كىشىلەر قاتتىق دەھشەتكە دۇچار بولىدۇ.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِي ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَيَتَّبِعُ كُلَّ شَيۡطَٰنٖ
مَّرِيدٖ ۝٣ كُتِبَ عَلَيۡهِ أَنَّهُۥ مَن تَوَلَّاهُ فَأَنَّهُۥ يُضِلُّهُۥ وَيَهۡدِيهِ إِلَىٰ
عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ۝٤ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِن كُنتُمۡ فِي رَيۡبٖ مِّنَ ٱلۡبَعۡثِ
فَإِنَّا خَلَقۡنَٰكُم مِّن تُرَابٖ ثُمَّ مِن نُّطۡفَةٖ ثُمَّ مِنۡ عَلَقَةٖ ثُمَّ مِن
مُّضۡغَةٖ مُّخَلَّقَةٖ وَغَيۡرِ مُخَلَّقَةٖ لِّنُبَيِّنَ لَكُمۡۚ

***بەزى كىشىلەر ئاللاھ )نىڭ قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى) توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىلسىز مۇنازىرىلىشىدۇ①، ھەربىر سەركەش شەيتانغا (يەنى ھەقتىن توسقۇچى كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا) ئەگىشىدۇ [3]. ئۇ (شەيتان) توغرۇلۇق شۇنداق بەلگىلەنگەنكى②، «كىم شەيتانغا ئەگىشىدىكەن، شەيتان ئەلۋەتتە ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە جەھەننەمنىڭ ئازابىغا سۆرەيدۇ» [4]. ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار ۋە بىلىڭلاركى)، بىز سىلەرنى (دەسلەپتە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىيدىن، ئاندىن (بالىياتقۇغا ئېسىلغان) لەختە قاندىن، ئاندىن شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن گۆش پارچىسىدىن ياراتتۇق③، (بۇ) سىلەرگە (قۇدرىتىمىزنى) بايان قىلىشىمىز ئۈچۈندۇر④.***

① مەسىلەن: ئۇلار مۇنازىرىلىشىپ، ئاللاھ تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەس ياكى ئۇنىڭ بالىلىرى بار دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ.

② يەنى شەيتان توغرۇلۇق ئىلاھىي تەقدىردە شۇنداق يېزىلغانكى.

③ يەنى ﴿نُطۡفَةٖ﴾ بالىياتقۇغا چۈشكەن بىرتامچە ئىسپېرما 40 كۈندىن كېيىن ﴿عَلَقَةٖ﴾ (بالىياتقۇغا ئېسىلغان) قىزىل لەختە قانغا ئايلىنىدۇ. بۇ قىزىل لەختە قان ﴿مُّضۡغَةٖ﴾ شەكلىگە كىرگۈزۈلمىگەن بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىدۇ. ﴿مُّخَلَّقَةٖ﴾ دېگەن شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن تۆرەلمە. ئۇنىڭدا باش،

ئىككى قول، كۆكرەك، قورساق، ئىككى يوتا، ئىككى پۇت ۋە باشقا ئەزالار پەيدا بولغان بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلۈپ، ۋاقتى-سائىتى توشقاندا تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ﴿غَيْرِ مُخَلَّقَةٍ﴾ دېگەن شەكىلگە كىرگۈزۈلمىگەن، يەنى باش، قول ۋە پۇت ئەزالىرى تېخى شەكىللەنمىگەن، جان كىرگۈزۈلمىگەن تۆرەلمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بەزىدە تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن چۈشۈپمۇ كېتىدۇ. سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ تۆرەلمىنىڭ قورساقتىكى ئەھۋالى بايان قىلىنغان. مەسىلەن: بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى مۇنداقتۇر: ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قىرىق كۈن ئىسپېرما ھالىتىدە توپلىنىدۇ. ئاندىن قىرىق كۈن لەختە قان ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئاندىن قىرىق كۈن بىر چىشلەم گۆش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئاندىن بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىپ رىزقىنى، ئەجىلىنى، ئەمەلىنى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۆت سۆزنى يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى، **6594**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **2643**-ھەدىس)يەنى تۆت ئاي بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلىدۇ، بۇ چاغدا تۆرەلمە شەكىلگە كىرىپ بولغان بولىدۇ.

④ يەنى بىز سىلەرگە يارىتىشتىكى كامالى قۇدرىتىمىزنى مۇشۇنداق بايان قىلىمىز.

وَنُقِرُّ فِي ٱلْأَرْحَامِ مَا نَشَآءُ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ثُمَّ نُخْرِجُكُمْ طِفْلًا
ثُمَّ لِتَبْلُغُوٓاْ أَشُدَّكُمْۖ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّىٰ وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ
أَرْذَلِ ٱلْعُمُرِ لِكَيْلَا يَعْلَمَ مِنۢ بَعْدِ عِلْمٍ شَيْـًٔاۚ وَتَرَى ٱلْأَرْضَ
هَامِدَةً فَإِذَآ أَنزَلْنَا عَلَيْهَا ٱلْمَآءَ ٱهْتَزَّتْ وَرَبَتْ وَأَنۢبَتَتْ مِن كُلِّ
زَوْجٍۭ بَهِيجٍ ⑤

***ۋە بىز (تۇغۇلىشىنى) خالىغان تۆرەلمىنى بالىياتقۇدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز①، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز. ئاندىن سىلەرنى (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن (ئاستا - ئاستا كۈچ - قۇۋۋەتكە***

*تولدۇرىمىز)، بەزىڭلار (ياش تۇرۇپلا) ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر②، بەزىڭلار (ئىلگىرى) بىلگەن نەرسىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغۇدەك قېرىپ كەتكۈچە ھايات قالدۇرۇلىسىلەر③. (ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس ھالەتتە كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىدۇ ۋە تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ④ [5].*

① شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆرەلمە چۈشۈپ كەتمەي تۇرۇپ قالىدۇ.

② يەنى بەزىڭلار قىران يەنى كامالەت يېشىدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر. كامالەت يېشى دېگەندىن بالاغەت يېشى ياكى ئەقلىي كامالەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان 30 بىلەن 40 ياش ئارىسىدىكى ئۆمۈرنىڭ باسقۇچى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ بۇنىڭدىن قېرىغاندا ئىنساننىڭ جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىدىغانلىقى، ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭمۇ ئاجىزلاپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ كىچىك بالىدەك بولۇپ قالىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە ياسىن 68-ئايەتتە ﴿بىز ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان ئادەمنىڭ تېنىنى ئاجىزلىتىۋېتىمىز (يەنى ياشلىق، قىرانلىق ۋاقتىدىكىدىن ئاجىزلايدۇ، قېرىيدۇ)﴾، بۇ ھالەت سۈرە تىين 5-ئايەتتە ﴿ئاندىن ئۇنى تۆۋەن بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنىگە قايتۇردۇق﴾ دەپ ئىپادىلەندى.

④ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىككىنچى دەلىلدۇر. بىرىنچى دەلىل شۇ ئىدىكى، ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن بىر تامچە ئەرزىمەس سۇدىن مانا مۇشۇنداق قەددى-قامەتلىك ئىنساننى يارىتالايدىغان، ئۇنىڭغا گۈزەل شەكىل ۋە چىراي ئاتا قىلالايدىغان، ئاندىن ئۇنى ئۆمۈرنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، جىسمى، زېھنى ھەتتا ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ ئاجىزلاپ كېتىدىغان قېرىلىق باسقۇچىغا يەتكۈزەلەيدىغان زاتتۇر. شۇ قەدەر ئۇلۇغ زات ئىنساننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئىنساننى يوقتىن بار قىلىپ، ئۆمۈرنىڭ باسقۇچلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ياشاتقان ئاللاھ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا

يېڭى ۋۇجۇد ۋە شەكىل ئاتا قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە. ئىككىنچى دەلىل شۇكى، قۇرغاقچىلىقتىن خۇددى ئۆلگەندەك قاقاسلىشىپ كەتكەن زېمىندىن ھېچ نەرسە ئۈنمەيدۇ، لېكىن يامغۇردىن كېيىن قايتا تىرىلگەندەك ياشنايدۇ، ئاستىدىن ھەر خىل زىرائەتلەر ئۆسۈپ، يەر يۈزى مېۋە، كۆكتات ۋە ھەر خىل ئوت-چۆپ، گۈل-چېچەكلەرگە تولىدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىمۇ قەبرىلىرىدىن تىرىلدۇرۇپ چىقىرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى قانداق تىرىلدۇرىدۇ؟ مەخلۇقات ئىچىدىن بىر مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇڭنى سورايمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: سەن ھېچ نەرسە ئۈنمىگەن قۇرۇق بىر يەردىن ئۆتكەنمۇ؟ كېيىن ئۇ يەرنىڭ كۆكلەپ يېشىللىقتا پۈركەنگەنلىكىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ: ھەئە دەپ، جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئىنسانلارمۇ ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرۈلىدۇ، دېدى.» (مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 11-بەت، سۈنەنى ئىبنى ماجە 180-ھەدىس)

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ وَأَنَّهُۥ يُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَأَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ
قَدِيرٞ ۝٦ وَأَنَّ ٱلسَّاعَةَ ءَاتِيَةٞ لَّا رَيۡبَ فِيهَا وَأَنَّ ٱللَّهَ يَبۡعَثُ مَن فِي
ٱلۡقُبُورِ ۝٧ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِي ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَلَا هُدٗى
وَلَا كِتَٰبٖ مُّنِيرٖ ۝٨ ثَانِيَ عِطۡفِهِۦ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۖ لَهُۥ فِي
ٱلدُّنۡيَا خِزۡيٞۖ وَنُذِيقُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَذَابَ ٱلۡحَرِيقِ ۝٩ ذَٰلِكَ بِمَا
قَدَّمَتۡ يَدَاكَ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيۡسَ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ۝١٠

***بۇ (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يوقتىن ئەدەك يارىتىشى)، ئاللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى (سىلەرگە) بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر [6]. شۇنداقلا قىيامەتنىڭ كېلىشىدە قىلچە شەك يوق ئىكەنلىكىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى (ئۆلۈك زېمىننى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك)***

***ئاللاھنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر) [7]. ئىنسانلاردىن شۇنداق كىشى باركى، (توغرا تونۇشقا ئېلىپ بارىدىغان) ھېچ ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز تۇرۇپ، ئاللاھ توغرىسىدا (مەغرۇرانە) مۇنازىرىلىشىدۇ، (ئۇنىڭ مۇنازىرىلىششى نوقۇل نەپسى - خاھىشى ۋە تەرسالىقىدىندۇر) [8]. ئۇ (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن (تەكەببۇرلۇق بىلەن) بويىنىنى تولغايدۇ①، ئۇ دۇنيادا خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا كۆيدۈرگۈچى ئوتنىڭ ئازابىنى تېتىتىمىز [9]. (ئۇنىڭغا): «ئەنە شۇ (خارلىق بىلەن ئازاب) سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ (يەنى كۇفرىڭ بىلەن گۇمراھلىقىڭ) تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەرگىز ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەستۇر» (دېيىلىدۇ) [10].***

① (ثَانِيَ عِطۡفِهِ)نىڭ مەنىسى تەكەببۇرلۇق بىلەن ھەقتىن بۇرۇلغۇچى. بۇ ئايەتتە ھېچقانداق بىر ئەقلىي يا نەقلىي دەلىلگە ئاساسلانماي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا ھەققىدە مۇنازىرە قىلىدىغان ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ، بويىنىنى بۇراپ يۈرگەن كىشىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدى. باشقا ئايەتلەردە ئۇنىڭ ئەھۋالى مۇنداق تەسۋىرلەندى: (ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ). (سۈرە لوقمان 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) (ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا (دەۋەت قىلىنغان نەرسىدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن). (سۈرە مۇنافىقۇن 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) (ئىنسانغا نېمەت بەرگەن چېغىمىزدا، ئۇ (بىزدىن) يۈز ئۆرۈپ يىراقلىشىدۇ). (سۈرە ئىسرا 83-ئايەت)

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَعۡبُدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ حَرۡفٖۖ فَإِنۡ أَصَابَهُۥ خَيۡرٌ ٱطۡمَأَنَّ
بِهِۦۖ وَإِنۡ أَصَابَتۡهُ فِتۡنَةٌ ٱنقَلَبَ عَلَىٰ وَجۡهِهِۦ خَسِرَ ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةَۚ
ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡخُسۡرَانُ ٱلۡمُبِينُ ١١ يَدۡعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُۥ
وَمَا لَا يَنفَعُهُۥۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلضَّلَٰلُ ٱلۡبَعِيدُ ١٢ يَدۡعُواْ لَمَن ضَرُّهُۥٓ

أَقۡرَبُ مِن نَّفۡعِهِۦۚ لَبِئۡسَ ٱلۡمَوۡلَىٰ وَلَبِئۡسَ ٱلۡعَشِيرُ ﴿١٣﴾

***يەنە ئىنسانلاردىن شۇنداق كىشى باركى، ئاللاھقا (قىردا تۇرغاندەك) شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە، خاتىرجەم (بولۇپ دىنىدا) تۇرىدۇ (بۇنداق ئادەم ئاللاھقا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر سىناق كەلسە، دىنىدىن يېنىۋالىدۇ①، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر [11]. ئۇ ئاللاھنى قويۇپ ئۆزىگە ھېچبىر پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە دۇئا قىلىدۇ (چوقۇنىدۇ). مانا بۇ (ھەقىقەتتىن تامامەن) يىراقلاشقان بىر ئازغۇنلۇقتۇر [12]. ئۇ پايدىسىدىن زىيىنى يېقىن بولغان نەرسىگە (باتىل مەبۇدقا) دۇئا قىلىدۇ، ئۇ (چوقۇنغان مەبۇد) راستىنلا يامان مەدەتكاردۇر، راستىنلا يامان ھەمراھتۇر② [13].***

① ﴿حَرْفٍ﴾نىڭ مەنىسى، تەرەپ، چەت ياكى گىرۋەك ۋە قىر دېمەكتۇر. قىرنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئادەم مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ يەنى ساباتلىق بولالمايدۇ، مۇقىم تۇرالمايدۇ. شۇنىڭدەك دىن ھەققىدە شەك-شۈبھە بىلەن يۈرۈيدىغان ئادەممۇ ئۇنىڭدا بەرقارار تۇرالمايدۇ، ئۇنداق ئادەمگە دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇش نېسىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ غەرىزى پەقەت دۇنيالىق مەنپەئەت بولىدۇ. مەنپەئەت يېتىپ تۇرسا، دىنىدا تۇرىدۇ، بولمىسا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا يەنى كۇفرى ۋە شېرىك تەرەپكە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، راستچىل مۇسۇلمان ئىماندا دادىل بولۇپ، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ياشايدۇ. ئاسايىشلىق بولسۇن ياكى مۇشەققەتكە يولۇقسۇن ھەرھالەتتە دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولغاندا، شۈكۈر ئادا قىلىدۇ، كۈلپەتلەرگە يولۇققاندا سەۋر قىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە بىر تۇراقسىز شەخسنىڭ مىسالى بايان قىلىنغان: «مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن بىر كىشى بار ئىدى، ئەگەر ئۇنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغسا، ئېتى قۇلۇنلىسا، بۇ ياخشى دىن ئىكەن دەيتتى؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇ يامان دىن ئىكەن دەيتتى». (سەھىھۇل بۇخارى 4742-ھەدىس) بەزى رىۋايەتلەردە بۇ ئەھۋال يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئەئرابىلارنىڭ خاراكتېرىدە كۆرۈلگەنلىكى بايان قىلىنغان. (فەتھۇلبارى)

② بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ يەردىكى ﴿يَدْعُوا﴾ دېگەن پېئىل " يَقُوْلُ " «دەيدۇ» مەنىسىدە كەلگەن. يەنى ئاللاھنى قويۇپ باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنغۇچى قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: زىيىنى پايدىسىدىن يېقىن بولغان مەدەتكار ۋە ھەمراھ راستتىنلا ياماندۇر، يەنى ئۇ ئۆزى چوقۇنغان مەبۇدلىرى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مەبۇدلاردىن كۈتكەن ئۈمىد-ئارزۇلىرى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. ئۇ: بۇتلار مېنى ئازابتىن ساقلاپ قالىدۇ، ماڭا شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى، ئەمما ئۇ يەردە شۇ مەبۇدلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ. ﴿الْمَوْلَى﴾نىڭ مەنىسى ۋەلى ۋە مەدەتكار. ﴿الْعَشِيرُ﴾نىڭ مەنىسى ھەمراھ، يولداش، يېقىن دوست، بىر تۇغقان دېمەكتۇر. مەدەتكار ۋە ھەمراھ دېگەن كۆلپەت كەلگەندە ياردەم قىلىدۇ، بىراق بۇ مەبۇدلار ئۆزلىرى ئازابقا مەھكۇم بولغان تۇرسا، قانداقمۇ باشقىلارغا ياردەم قىلالىسۇن؟ شۇ ۋەجىدىن ئۇلار يامان ھەمراھ ۋە يامان مەدەتكار دەپ ئاتالدى. ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش زىياندىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ، پايدىدىن ئۇنىڭ ھېچقانداق نېسۋىسى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى يېقىنراق دېيىلدى، يەنە بىر ئايەتتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارە كەلگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز (يەنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگۈچىلەر) ياكى سىلەر (ئىنكار قىلغۇچىلار)-(يەنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى يا) چوقۇم ھىدايەت ئۈستىدە يا ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر﴾. (سۈرە سەبە 24-ئايەت) شۇنىسى ئېنىقكى، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەنلەرلا ھىدايەت ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. لېكىن بۇ نۇقتا ئايەتتە ئاددىي ئىبارە بىلەن ئىپادىلەنمەستىن، كىنايە ۋە سوئال تەرىقىسىدە ئىپادىلەندى. چۈنكى، بەدىئىي ئۇسلۇب ئىشلىتىلگەن جۈملە ئاڭلىغۇچىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ .ياكى بولمىسا، بۇ يەردىكى پايدا ۋە مەنپەئەتنى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئاللاھتىن غەيرىيگە چوقۇنۇشتىن دەرھال كۆرۈلىدىغان زىيان شۇكى، ئىنسان ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ، بۇ ئەڭ يېقىن زىياندۇر، ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى زىيىنى مۇقەررەردۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ يُدۡخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي
مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ مَا يُرِيدُ ١٤ مَن كَانَ يَظُنُّ أَن
لَّن يَنصُرَهُ ٱللَّهُ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ فَلۡيَمۡدُدۡ بِسَبَبٍ إِلَى ٱلسَّمَآءِ ثُمَّ

لِيَقْطَعْ فَلْيَنظُرْ هَلْ يُذْهِبَنَّ كَيْدُهُۥ مَا يَغِيظُ ﴿١٥﴾ وَكَذَٰلِكَ أَنزَلْنَٰهُ
ءَايَٰتٍۭ بَيِّنَٰتٍ وَأَنَّ ٱللَّهَ يَهْدِى مَن يُرِيدُ ﴿١٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَٱلَّذِينَ هَادُوا۟ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلْمَجُوسَ وَٱلَّذِينَ أَشْرَكُوٓا۟ إِنَّ
ٱللَّهَ يَفْصِلُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ ﴿١٧﴾

***شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ [14]. كىمكى ئاللاھ پەيغەمبەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ دەپ ئويلايدىكەن، ئۇ تورۇسقا ئارغامچا سېلىپ بوغۇلۇۋالسۇن، ئاندىن قاراپ باقسۇنكى، ئۇنىڭ (بۇ) تەدبىرى غەزىپىنى باسالامدىكىن؟① (يەنى كىمكى ئاللاھ، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرمەيدۇ دەپ ئويلايدىكەن ئۇ تورۇسقا ئارغامچا باغلاپ ئېسىلىۋالسۇن، ئەگەر بۇ ئۇنىڭ خاپىلىقىنى باسالايدىغان بولسا. چۈنكى ئاللاھ پەيغەمبەرگە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ) [15]. شۇنىڭغا ئوخشاش (يەنى ئىلگىرىكى كىتابلارنى نازىل قىلغىنىمىزغا ئوخشاش)، بىز قۇرئاننى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) روشەن ئايەتلەر قىلىپ نازىل قىلدۇق، ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ (يەنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى يوق، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ) [16]. شەكسىزكى، مۇئمىنلەر، يەھۇدىيلار، سابىئىيلار، خىرىستىئانلار، مەجۇسىيلەر (يەنى ئاتەشپەرەسلەر)② ۋە مۇشرىكلار③ ئارىسىدا ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىدۇ، (يەنى ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەر بىلەن مەزكۇر بەش پىرقە ئارىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، مۇئمىنلەرنى جەننەتكە، كاپىرلارنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ)④،***

① بۇ ئايەتنىڭ مۇنداق ئىككى خىل مەنىسى بار، بىرىنچىسى: كىمكى پەيغەمبەرنىڭ غەلىبىسىگە چىدىمىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە ياردەم قىلمىسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ تورۇسىغا

ئارغامچا ئېسىپ، بوينىنى ئۇنىڭغا باغلاپ، ئارغامچىنى كېسىۋەتسۇن، يەنى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسۇن. ئاندىن قارىسۇنكى، شۇنداق شەكلىدە ئۆلۈۋېلىش-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە غەلىبە قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قەلبىدە پەيدا بولغان ئاچچىغىنى باسالامدىكەن؟ مۇشۇ بىرىنچى مەنىگە ئاساسەن ئايەتتىكى ﴿السَّمَآءِ﴾نىڭ مەنىسى ئۆينىڭ تورۇسى بولغان بولىدۇ. ئىككىنچى مەنىسى: ئۇ بىر ئارغامچا بىلەن ئاسمانغا ئۆرلىسۇن ۋە ئاسماندىن كېلىۋاتقان ۋەھيي ۋە ياردەمنى ئۈزىۋەتسۇن (ئەگەر قولىدىن كەلسە)، ئاندىن قارىسۇنكى، بۇنىڭ بىلەن ئاچچىقى بېسىلامدۇ-يوق؟ ئىمام ئىبنى كەسىر بىرىنچى مەنىنى ۋە ئىمام شەۋكانى ئىككىنچى مەنىنى ئەۋزەل دەپ قارىغان. جۈملىنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا ئىككىنچى مەنە توغرىغا ئەڭ يېقىندۇر.

② ﴿الْمَجُوسَ﴾ دېگەندىن ئىراندىكى ئىككى ئىلاھ بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئاتەشپەرەسلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىككى ئىلاھنىڭ بىرى زۇلمەتنى ياراتقۇچى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ئەھرىمەن دەپ ئاتايدۇ يەنە بىرى نۇرنى ياراتقۇچى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى يەزدان دەپ ئاتايدۇ.

③ بۇلارنىڭ قاتارىغا مەزكۇر گۇمراھ پىرقىلەردىن باشقا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان بارلىق پىرقىلەرمۇ كىرىدۇ.

④ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ ھەق ئۈستىدە ۋە كىمنىڭ باتىل ئۈستىدە بولغانلىقى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە نازىل قىلغان دەلىللەر ئارقىلىق ئايان بولىدۇ، ئاللاھ تائالا ئاخىرقى پەيغەمبىرىنىمۇ مۇشۇ مەقسەتتە ئەۋەتكەن ئىدى. ﴿ئاللاھ ھەق دىنىنى پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى﴾. (سۈرە فەتھ 28-ئايەت) بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم دېگەندىن ئاللاھ تائالا گۇمراھ پىرقىلەرگە قىيامەتتە بېرىدىغان جازا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ جازادىنمۇ دۇنيادا كىمنىڭ ھەق ئۈستىدە بولغانلىقى ۋە كىمنىڭ باتىل ئۈستىدە بولغانلىقى ئايان بولىدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ ﴿١٧﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يَسْجُدُ لَهُۥ مَن فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ وَٱلشَّمْسُ وَٱلْقَمَرُ وَٱلنُّجُومُ وَٱلْجِبَالُ

وَٱلشَّجَرُ وَٱلدَّوَآبُّ وَكَثِيرٌ مِّنَ ٱلنَّاسِۖ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيۡهِ ٱلۡعَذَابُۗ ﴿١٨﴾

***شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر (شاھىتتۇر)① [17]. بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋانلار② ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھقا (بويسۇنۇپ) سەجدە قىلىدۇ③، يەنە نۇرغۇنى (كۇفرلىق قىلىپ) ئازابقا لايىق بولدى④،***

① قىيامەت كۈنى ھاكىمىيەتنىڭ زورى بىلەن ئەمەس بەلكى ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، چۈنكى ھۆكۈم چىقىرىدىغان زات ھەممىدىن خەۋەردار ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

② بەزى مۇپەسسىرلەر، بۇ سەجدىدىن ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغانلارغىلا خاس بولغان ئىبادەت ۋە ئىتائەت سەجدىسى ئەمەس بەلكى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ھېچبىر مەخلۇق ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويۇنتاۋلىق قىلالمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما باشقا مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭ كۆچمە مەنىسىنى ئەمەس ھەقىقىي مەنىسىنى ئېلىپ، ھەر بىر مەخلۇق ئۆزىگە خاس رەۋىشتە ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ﴿مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ﴾ «ئاسماندىكىلەر» دېگەندىن پەرىشتىلەر، ﴿وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ﴾ «زېمىندىكىلەر» دېگەندىن ئىنسانلار، جىنلار ۋە تۈرلۈك ھايۋانلار، ئۇچار - قۇشلار ۋە باشقا نەرسىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس رەۋىشتە ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ ۋە تەسبىھ ئېيتىدۇ، دەيدۇ. ﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇداتمۇ ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر﴾ .(سۈرە ئىسرا 44 - ئايەت). بۇ يەردە كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ئايرىم تىلغا ئېلىنغانلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، مۇشرىكلار ئۇلارغا چوقۇناتتى. يەنى مۇشرىكلارغا دېيىلىدىكى، سىلەر ئۇ نەرسىلەرگە سەجدە قىلىسىلەر، ئەمما ئۇ نەرسىلەر ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدۇ. ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي

ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 37 - ئايەت) بىر سەھىھ ھەدىستە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا: «كۈننىڭ قەيەرگە كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دېدى، مەن: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈن ئەرشنىڭ ئاستىدا (ئاللاھ تائالاغا) سەجدە قىلغىلى كېتىدۇ، ئاندىن بۇيرۇق كۈتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا (مەشرىقتىن چىقىشقا) بۇيرۇق بېرىلىدۇ. بىر كۈن كېلىدۇ، كۈنگە كەلگەن تەرىپىڭدىن قايتقىن دەپ (غەربتىن چىقىشقا) بۇيرۇق بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاز قالدى» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 3199 - ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 250 - ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە بىر ساھابە چۈشىدە بىر دەرەخنىڭ سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. (سۈنەنى تىرمىزى 579 - ھەدىس، تۇھفەتۇلئەھۋەزى 3 - توم، 159 - بەت، 579 - ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 1053 - ھەدىس) تاغلارنىڭ ۋە دەرەخلەرنىڭ سەجدە قىلغانلىقىغا ئۇلارنىڭ سايىلىرىنىڭ ئوڭ ۋە سولغا مايىل بولغانلىقى ۋە ئېگىلگەنلىكىمۇ كىرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ﴿ئۇلار ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ بويسۇنغان ھالدا ئاللاھقا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن ئوڭ - سولغا مايىل بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟﴾. (سۈرە نەھل 48 - ئايەت) يەنە سۈرە رەئدنىڭ 15 - ئايىتىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىغا قارىتىلغان.

③ يەنى بۇ ئىتائەت ۋە ئىبادەت سەجدىسىدۇر، ئىنسانلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ئىتائەت ۋە ئىبادەت سەجدىسىنى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ رىزاسىغا لايىق بولىدۇ.

④ ئازابقا لايىق بولغانلار بولسا، ئىتائەت سەجدىسىنى ئىنكار قىلىپ، كۇفرىنى تاللىغانلاردۇر، بولمىسا، يوقتىن بار قىلغۇچىغا مەجبۇرىي شەكىلدە باش ئېگىش سەجدىسى قىلىشنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

وَمَن يُهِنِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن مُّكۡرِمٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ مَا يَشَآءُ ۩ ﴿١٨﴾
هَٰذَانِ خَصۡمَانِ ٱخۡتَصَمُواْ فِي رَبِّهِمۡۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ قُطِّعَتۡ لَهُمۡ

ثِيَابٌ مِّن نَّارٍ يُصَبُّ مِن فَوْقِ رُءُوسِهِمُ ٱلْحَمِيمُ ﴿١٩﴾ يُصْهَرُ بِهِۦ
مَا فِي بُطُونِهِمْ وَٱلْجُلُودُ ﴿٢٠﴾ وَلَهُم مَّقَٰمِعُ مِنْ حَدِيدٍ ﴿٢١﴾ كُلَّمَآ أَرَادُوٓاْ
أَن يَخْرُجُواْ مِنْهَا مِنْ غَمٍّ أُعِيدُواْ فِيهَا وَذُوقُواْ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ﴿٢٢﴾

***ئاللاھ خار قىلغان ئادەمنى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ①، شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ [18]. بۇ رەببى توغرىسىدا جېدەللەشكەن (كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقىدۇر (يەنى مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار ئاللاھنىڭ دىنى ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ، مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولىدى، كاپىرلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولىدى)②. كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ [19]. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ ـ باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ [20]. ئۇلار تۆمۈر ـ توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ [21]. ھەر قاچان ئۇلار غەم ـ قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقىشقا ئۇرۇنسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ ۋە (ئۇلارغا): «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار!» (دېيىلىدۇ)③ [22].***

① كۇفرىنى تاللىغاننىڭ نەتىجىسى خارلىق، چۈشكۈنلۈك ۋە ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ئازابتۇر، بۇ ئازابتىن كاپىرلارنى قۇتقۇزۇپ، ئىززەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ.

② ﴿هَٰذَانِ خَصْمَانِ﴾ «بۇ بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى پىرقە» بۇنىڭدا ھەر ئىككى سۆز ئىككىلىك شەكلىدە كەلگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن مەزكۇر گۇمراھ پىرقىلەر بىلەن ئۇلارغا زىت بولغان يەنە بىر پىرقە مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ ئالىدۇ. ھەر ئىككى پىرقە رەببى ھەققىدە دەتالاش قىلىشىدۇ، مۇسۇلمانلار بولسا ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئۈلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما باشقا پىرقىلەر بولسا ئاللاھ ھەققىدە ھەر خىل خاتا ئېتىقادقا مۇبتىلا بولغانلاردۇر. بۇ ئىككى پىرقىگە بەدرى غازىتى باشلىنىش ئالدىدا يەكمۇيەك ئېلىشىش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكەن مۇسۇلمانلار ۋە كاپىرلارمۇ كىرىدۇ. شۇ چاغدا مەيدانغا چۈشكەنلەر ئىچىدە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن

ئەلى، ھەمزە ۋە ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار؛ كاپىرلار تەرىپىدىن ئۇلار رەقىبلىرى شەيبە ئىبنى رەبىيئە، ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە ۋە ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە قاتارلىقلار بار ئىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4744-ھەدىس) ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: مەزكۇر ئىككى ئۇقۇم توغرا ۋە ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇندۇر.

③ بۇ ئايەتتە دوزىخىلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئازابنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىندى.

إِنَّ ٱللَّهَ يُدۡخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ يُحَلَّوۡنَ فِيهَا مِنۡ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٖ وَلُؤۡلُؤٗاۖ وَلِبَاسُهُمۡ فِيهَا حَرِيرٞ ﴿٢٣﴾ وَهُدُوٓاْ إِلَى ٱلطَّيِّبِ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ وَهُدُوٓاْ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡحَمِيدِ ﴿٢٤﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ ٱلَّذِي جَعَلۡنَٰهُ لِلنَّاسِ سَوَآءً ٱلۡعَٰكِفُ فِيهِ وَٱلۡبَادِۚ

***شەكسىزكى، ئاللاھ مۆئمىنلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلاردىن (ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى) تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ① [23]. ئۇلار ياخشى سۆزگە يېتەكلەندى② ۋە مەدھىيەگە لايىق ئاللاھنىڭ يولىغا يېتەكلەندى③ [24]. شەكسىزكى، كاپىرلارغا، (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقۇچىلارغا④، مەيلى ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەنلەر بولسۇن، بىز ئىنسانلارغا ئورتاق ئىبادەتگاھ قىلغان مەسجىدى ھەرەمدىن توسقۇچىلارغا (يەنى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسجىدى ھەرەمگە كەلگەن مۆئمىنلەرنى توسقۇچىلارغا)⑤ (قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز).***

① ئەمدى دوزىخىلارنىڭ قارىشىسىدا جەننەت ئەھلى ۋە جەننەتنىكى

مۇئمىنلەرگە تەييارلانغان نېمەتلەر بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

② يەنى گۈزەل، ياخشى سۆزلەر بولىدىغان؛ بىھۇدە، يامان سۆزلەر بولمايدىغان جەننەتكە يېتەكلەندى.

③ يەنى ئۇلار ھەر تەرەپتىن ھەمدۇسانا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، دىللارنى خۇرسەن قىلىدىغان ئېسىل ماكانغا يېتەكلەندى. ئەگەر بۇ ئايەتنى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئالغاندا مەنىسى، مۇئمىنلەر قۇرئانغا ۋە ئىسلامغا يېتەكلەندى، دېگەن بولىدۇ.

④ «توسقۇچىلار» دېگەندىن مەككە كاپىرلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھىجرىيەنىڭ 6-يىلى مەدىنىدىن مەككىگە كەلگەن مۇسۇلمانلارنى ئۆمرە قىلىشتىن توسقان، شۇ ۋەجىدىن مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيە دېگەن جايدىن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى.

⑤ «مەسجىدى ھەرەم» دېگەندىن خانە كەئبە مەقسەت قىلىنامدۇ ياكى پۈتۈن ھەرەم چېگراسى ئىچىدىكى مەككە مەقسەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ مەۋجۇت. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە بەزى ئايەتلەردە پۈتۈن مەككىمۇ مەسجىدى ھەرەم دەپ ئاتالغان، يەنى ھەرەمنىڭ بىر قىسمى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈن مەككە مەقسەت قىلىنغان. مەسجىدى ھەرەمگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىتتىپاقلا كەلگەن بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان مەيلى يەرلىك كىشىلەر بولسۇن ياكى سىرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بولسۇن ياكى ئىقامەت بىلەن تۇرىۋاتقان چەتئەللىكلەر بولسۇن ھېچكىمنى ئايرىماستىن ۋە خاس قىلماستىن ھەممىسى كېچە ياكى كۈندۈز ھەر قانداق ۋاقىتتا ھەرەمگە كىرىپ ئىبادەت قىلىشقا ھەقلىق، بۇ ھوقۇقتا ھەممىسى باراۋەردۇر. ھېچكىمنىڭ بىر مۇسۇلماننى ھەرەمدە ئىبادەتتىن توسۇشقا ھەققى يوق، بۇنىڭغا رۇخسەتمۇ قىلىنمايدۇ. ئەمما «مەسجىدى ھەرەم» دېگەندىن پۈتۈن ھەرەم چېگراسى ئىچىدىكى مەككە مەقسەت قىلىنىدۇ دېگەن قاراشنى ياقلايدىغان ئۆلىمالارنىڭ رايى شۇكى، پۈتۈن ھەرەم چېگراسى ئىچىدىكى مەككە بارلىق مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ، ئۇنىڭ جاي-زېمىنلىرى ھېچكىمنىڭ مۈلكى ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ھەرەمنىڭ جاي-زېمىنلىرىنى ئېلىپ-سېتىش ۋە ئىجارىگە بېرىش ئۇلارنىڭ قارىشىچە جايىز ئەمەس. كىمكى ھەج يا ئۆمرە ئۈچۈن دۇنيانىڭ قايسىبىر مەملىكىتىدىن ھەرەمگە كەلسە، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى خالىغان جاي ۋە ئۆيدە تۇرۇش ھەققى بار، ھەرەمدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ

كەلگەن ھاجىلارنى ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرغۇزۇش مەجبۇرىيىتى بار، ئۇلارنى ئۆيگە كىرىشتىن چەكلەش ھوقۇقى يوق. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ رايى شۇكى، ھەرەمنىڭ جاي-زېمىنلىرى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولسا، بولىدۇ، ھەر كىم ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلغان ئۆينى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلسا، يەنى ساتسا ياكى ئىجارىگە قويسا، جايىزدۇر. ئەمما ھەج ئەمەل-ئىبادەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان جايلار مەسىلەن: مىنا، مۇزدەلىفە ۋە ئەرەفات مەيدانلىرى ئومۇمنىڭ ۋەقپىسى ھېسابلىنىدۇ، بۇ جايلارنى ھېچكىم ئۆز شەخسىي مۈلكى قاتارىغا قوشۇۋالسا بولمايدۇ، بۇ جايىز ئەمەس. بۇ مەسىلە قەدىمقى فۇقۇھالارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپلىق مەسىلە بولۇپ كەلگەن، ئەمما ھازىرقى دەۋردىكى بارلىق ئۆلىمالار ھەرەم ئىچىدە شەخسىي ئىگىدارچىلىقنى قوللايدىغان بولدى. بۇ مەسىلە ئەمدى ئىختىلاپلىق مەسىلە ئەمەس. مەرھۇم مەۋلانا مۇفتى مۇھەممەد شەفىئمۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە باشقا فۇقۇھالارنىڭ تۇتقان يولىمۇ مەزكۇر قاراشنى توغرا دەپ ھۆكۈم قىلغان. (مەئارىفۇل قۇرئان، 4-توم، 253-بەتكە قارالسۇن)

وَمَن يُرِدۡ فِيهِ بِإِلۡحَادِۭ بِظُلۡمٖ نُّذِقۡهُ مِنۡ عَذَابٍ أَلِيمٖ ﴿٢٥﴾ وَإِذۡ بَوَّأۡنَا
لِإِبۡرَٰهِيمَ مَكَانَ ٱلۡبَيۡتِ أَن لَّا تُشۡرِكۡ بِي شَيۡـٔٗا وَطَهِّرۡ بَيۡتِيَ لِلطَّآئِفِينَ
وَٱلۡقَآئِمِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿٢٦﴾

***يەنە كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە دەھرىيلىك بىلەن يولدىن چىقماقچى بولىدىكەن①، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز② [25]. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق③، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن④، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك تۇتقىن⑤ [26].***

① ﴿إِلۡحَادِۭ﴾ گۇناھ، ھەقىقەتتىن چەتنەش، دىندىن يۈز ئۆرۈش، دەھرىيلىك قىلىش دېمەكتۇر. ئۇ سۆز بۇ يەردە كۇفرى، شېرىك قاتارلىق ھەر خىل گۇناھلارغا ئومۇمىي ئاتالغۇ بولۇپ كەلگەن. ھەتتا بەزى ئۆلىمالار قۇرئاننىڭ

لەۋزى ئىبارىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، كىمكى ھەرەمدە قانداق بىر گۇناھ قىلىشنى ئىرادە قىلسا (گەرچە ئۇنى قىلالمىسىمۇ) بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئاستىغا كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە: پەقەت ئىرادە قىلغانغىلا جازالانمايدۇ، بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدىغان باشقا دەلىللەرمۇ بار. ئەمما بىر گۇناھنى قىلىشنى ئىرادە قىلىپ ئۇنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرسا، ئاندىن جازاغا لايىق بولۇپ قالىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ قاتتىق ئازاب ھەرەمدە دەھرىيلىك قىلغان ۋە يۇقىرىدىكى گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارغا تېگىشلىك بولىدۇ.

③ يەنى بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى كۆرسەتتۇق ۋە ئۇ يەرگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەۋلادىنى يەرلەشتۈردۇق. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام تۇپانىدا ۋەيران بولغان خانە كەئبە تۇنجى بولۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن قايتا ياسالغان. سەھىھ ھەدىسمۇ بۇ نۇقتىنى كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇنجى سېلىنغان مەسجىد توغرىسىدا سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «يەر يۈزىدە ئەڭ ئاۋۋال سېلىنغان مەسجىد ھەرەم مەسجىدىدۇر، ئەقسا مەسجىدى ھەرەم مەسجىدىدىن 40 يىل كېيىن سېلىنغان». (سەھىھ مۇسلىم 520-ھەدىس)

④ بۇ ئايەتتە خانە كەئبىنىڭ ياسىلىشىدىكى مەقسەت بايان قىلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى شۇكى، ئۇنىڭدا پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش مەقسەت قىلىنغانكى، مۇشرىكلارنىڭ كەئبىنىڭ ئىچىگە بۇتلارنى تىزىپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشى ئوچۇق ئاشكارا زۇلۇمدۇر، بۇ يەردە پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بولىدۇ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ.

⑤ يەنى مېنىڭ ئۆيۈمنى كۇفرىدىن، بۇتقا چوقۇنۇشتىن ۋە ناپاك نەرسىلەردىن پاك تۇتقىن. بۇ يەردە پەقەت ناماز ئوقۇغۇچىلار ۋە تاۋاپ قىلغۇچىلار تىلغا ئېلىنىدى، چۈنكى بۇ ئىككى ئىبادەت بولسا خانە كەئبىگە مۇناسىۋەتلىك خاس ئەمەللەردىندۇر، نامازدا يۈزلىنىدىغان قىبلىمۇ خانە كەئبىدۇر، تاۋاپمۇ پەقەت كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ئادا قىلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم بىدئەتچىلەر قەبرىلەرنىمۇ تاۋاپ قىلىدىغان جاي قىلىۋالدى، بەزىلەر شۇ قەبرىلەرنى نامازلىرىدا يۈز كەلتۈرىدىغان «قىبلە» قىلىۋالدى. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

وَأَذِّن فِي ٱلنَّاسِ بِٱلۡحَجِّ يَأۡتُوكَ رِجَالٗا وَعَلَىٰ كُلِّ ضَامِرٖ يَأۡتِينَ مِن كُلِّ
فَجٍّ عَمِيقٖ ﴿٢٧﴾ لِّيَشۡهَدُواْ مَنَٰفِعَ لَهُمۡ وَيَذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ فِيٓ أَيَّامٖ
مَّعۡلُومَٰتٍ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ بَهِيمَةِ ٱلۡأَنۡعَٰمِۖ فَكُلُواْ مِنۡهَا وَأَطۡعِمُواْ
ٱلۡبَآئِسَ ٱلۡفَقِيرَ ﴿٢٨﴾ ثُمَّ لۡيَقۡضُواْ تَفَثَهُمۡ وَلۡيُوفُواْ نُذُورَهُمۡ وَلۡيَطَّوَّفُواْ
بِٱلۡبَيۡتِ ٱلۡعَتِيقِ ﴿٢٩﴾

***كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەر ئۈستىدە① يىراق ـ يىراق يەرلەردىن سېنىڭ قېشىڭغا كېلىدۇ② [27]. ئۇلار (ھەج جەريانىدا) ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن (يەنى ھاسىل قىلسۇن)③، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۇكۇر قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن»④. سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، قىيىن ئەھۋالدىكى پېقىر ـ موھتاجلارغا بېرىڭلار [28]. ئاندىن ئۇلار (بەدەنلىرىدىكى) كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)⑤، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن⑥، قەدىمىي ئۆينى (يەنى كەئبىنى) تاۋاپ قىلسۇن⑦ [29].***

① «ئورۇق تۆگىلەر» دەپ ئاتىلىشتىكى سەۋەب شۇكى، تۆگىلەر ئۇزۇۇقلۇقنىڭ يېتەرسىزلىكى، سەپەرنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە ھارغىنلىقتىن ئاجىزلاپ، ئورۇقلاپ كېتىدۇ.

② ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن مەككە تاغلىرى ئارىسىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر تاغدا تۇرۇپ قىلىنغان تۇۋەن ئاۋازدىكى بۇ نىدا دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىغا يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ھەج ۋە ئۆمرىگە بارغان ھەر قانداق بىر كىشى كۆرەلەيدۇ.

③ يەنى ھاجىلارغا تېگىشلىك مەنپەئەتلەر ھەم دۇنيالىق ھەم

ئاخىرەتلىك بولىدۇ. ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلەر بولسا ناماز، تاۋاپ، ھەج ۋە ئۆمرە ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رىزاسىدىن ئىبارەت. دۇنيالىق مەنپەئەتلىرى بولسا تىجارەت، ھەر خىل كەسىپ ۋە مۇلازىمەت ئارقىلىق ئېرىشىدىغان پۇل-مالدىن ئىبارەت.

④ ﴿بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ﴾ «چارۋا ماللار» تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن﴾ يەنى مەزكۇر چارۋا ماللار پەقەت ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپلا قۇربانلىق قىلىنىدۇ، بوغۇزلىنىدۇ. «بەلگىلەنگەن كۈنلەر»-قۇربانلىق كۈنلىرى بولۇپ، " أَيَّامُ تَشْرِيْقِ " دەپ ئاتىلىدۇ. قۇربانلىق قىلىنىدىغان كۈنلەر زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنىدىن ئون ئۈچىنچى كۈنىگىچە يەنى زۇلھەججىنىڭ 10-، 11-، 12-، 13-كۈنلىرى بولۇپ، پەقەت مۇشۇ تۆت كۈندە قۇربانلىق قىلىش بەلگىلەنگەندۇر. قۇرئان كەرىمدە ئومۇمەن ﴿أَيَّامٍ مَّعْلُوْمٰتٍ﴾ «بەلگىلەنگەن كۈنلەر» دېگەندىن زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى، ﴿أَيَّامٍ مَّعْدُوْدٰتٍ﴾ «ساناقلىق كۈنلەر» دېگەندىن قۇربانلىق كۈنلىرى مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئايەتتىكى ﴿أَيَّامٍ مَّعْلُوْمٰتٍ﴾ دېگەن سۆزنىڭ جۈملىدىكى سىياقى قۇربانلىق كۈنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. (ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر)

⑤ يەنى ھاجىلار زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى جەمرە كۇبراغا (جەمرە ئەقەبە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تاش ئاتقاندىن كېيىن قىسمەن ئېھرامدىن چىقىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ھاجىلار ئېھراملىرىنى سېلىۋەتسە بولىدۇ، ئايالغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن باشقا ئېھرام ھالىتىدە چەكلەنگەن ھەممە ئىشلار جايىز بولىدۇ. «كىرلىرىنى تازىلىسۇن» دېگەندىن ئېھرامدىن چىقىپ، چېچىنى ئالدۇرۇش، تىرناقلىرىنى ئېلىش قاتارلىق شەخسىي تازىلىق ۋە ئادەتتىكى كىيىملىرىنى كىيىپ، خۇشبۇي بويۇملارنى ئىشلىتىش قاتارلىقلار مەقسەت قىلىنىدۇ.

⑥ ئەگەر بىر ياخشى ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا، مەسىلەن: ئەگەر ئاللاھ ماڭا بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشقا نېسىپ قىلسا، مۇنداق خەيرلىك ئىشلارنى قىلىمەن دەپ نىيەت (ۋەدە) قىلغان بولسا، شۇ ئىشنى قىلسۇن دېمەكتۇر.

⑦ ﴿عَتِيقِ﴾ قەدىمىي دېگەن مەنىدە بولۇپ، خانە كەئبىنى كۆرسىتىدۇ. چاچنى چۈشۈرتۈپ ياكى قىسقارتىپ بولغاندىن كېيىن ئىفادە تاۋاپى

قىلىنىدۇ. بۇ زىيارەت تاۋاپى دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھەجنىڭ بىر رۇكنىدۇر. بۇ تاۋاپ ئەرەپاتتىن قايتىپ، جەمرە كۇبراغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قىلىنىدۇ، دەسلەپ كەلگەندە قىلىنىدىغان تاۋاپ «تاۋاپى قۇدۇم» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە بۇ تاۋاپ ۋاجىب يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە سۈننەتتۇر، ئەمما ۋىدالىشىش تاۋاپى تەكىتلەنگەن سۈننەت (ياكى ۋاجىب) ھۆكمىدە بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە ئۆزرە بولۇپ قالسا، گەدەندىن ساقىت بولىدۇ. مەسىلەن: ھەيزدار ئايالدىن ۋىدالىشىش تاۋاپى ساقىت بولىدۇ، بۇ ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. (ئەيسەر تەپاسىر)

ذَٰلِكَۖ وَمَن يُعَظِّمۡ حُرُمَٰتِ ٱللَّهِ فَهُوَ خَيۡرٞ لَّهُۥ عِندَ رَبِّهِۦۗ وَأُحِلَّتۡ لَكُمُ ٱلۡأَنۡعَٰمُ إِلَّا مَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡۖ فَٱجۡتَنِبُواْ ٱلرِّجۡسَ مِنَ ٱلۡأَوۡثَٰنِ وَٱجۡتَنِبُواْ قَوۡلَ ٱلزُّورِ ٣٠ حُنَفَآءَ لِلَّهِ غَيۡرَ مُشۡرِكِينَ بِهِۦۚ

*(ھەج ئىبادىتى) ئەنە شۇدۇر، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا (يەنى ھەج جەريانىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە)① ، بۇ (ئۇلۇغلاش)، رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، سىلەرگە ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن (قۇرئاندا ھاراملىقى) بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقىلىرى ھالال قىلىندى② . بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار (يەنى يىراق تۇرۇڭلار)③ ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار④ [30]. ئاللاھقا (ھېچ نەرسىنى) شېرىك كەلتۈرمەي، (تائەت ـ ئىبادەتلەر بىلەن) خالىس ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىڭلار⑤ .*

① بۇ ئەھكاملاردىن ھەجنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنى ئۇلۇغلاش دېگەن ئۇ ئەمەللەرنى قانداق بۇيرۇلغان بولسا، شۇ تەرىقىدە ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇ ئەھكاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلماسلىق دېمەكتۇر.

② يەنى ھاراملىقى بايان قىلىنغان ھايۋانلار سۈرە مائىدە 3-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ﴿سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۆلتۈرۈپ، يېرىپ يېگەن ھايۋان )نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى﴾.

③ ﴿رِجْسَ﴾ ناپاك، پاسكىنا، نجىس دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە ئۇ ياغاچ، تۆمۈر ياكى باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان بۇتنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئاللاھنى قويۇپ باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇنداق قىلىش نجىستۇر، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇشقا سەۋەبچىدۇر، ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار.

④ يالغان گۇۋاھلىق بېرىش دېگەنگە يالغان قەسەم قىلىشمۇ كىرىدۇ (يالغان قەسەم قىلىش ھەدىستە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا-ئانىنى نارازى قىلىشتىن قالسا، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان گۇناھى كەبىرەلەر جۈملىسىدىن سانالغان) ھەممىدىن چوڭ يالغانچىلىق ئاللاھ ھەممىدىن پاك تۇرسا، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاشتۇر. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېيىش، پالانى شەخس ئاللاھنىڭ ئىشلىرىغا شېرىك دەپ قاراش ياكى پالانى ئىشنى قىلىشقا ئاللاھ قانداقمۇ قادىر بولالايدۇ دېيىش قاتارلىقلار. مەسىلەن: كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشەنمەي كەلگەن بولۇپ، ھېلھەممۇ ئىشەنمەيدۇ، ياكى ئۆز ئالدىغا ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام ۋە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال قىلىۋېلىش، خۇددى مۇشرىكلار بەھىرە، سائىبە، ۋەسىلە ۋە ھام قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغاندەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغانچىلىق قاتارىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش لازىمدۇر. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە مائىدە 103-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن)

⑤ ﴿حُنَفَآءَ﴾ "حَنِيْفٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بىر تەرەپكە مايىل بولۇش، بىر تەرەپتە بولۇش، بىر يولدا بولۇش دېگەن مەنىدە. يەنى شېرىكتىن تەۋھىد تەرەپكە مايىل بولغان، كۇفرى ۋە باتىلدىن ئىسلامغا ۋە ھەق دىنغا مايىل بولغان ھالدا ئاللاھقا سەمىمىيلىك بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار ياكى بىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ، پەقەت ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، دېمەكتۇر.

وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَتَخْطَفُهُ ٱلطَّيْرُ أَوْ
تَهْوِى بِهِ ٱلرِّيحُ فِى مَكَانٍ سَحِيقٍ ﴿٣١﴾ ذَٰلِكَ وَمَن يُعَظِّمْ شَعَٰٓئِرَ
ٱللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى ٱلْقُلُوبِ ﴿٣٢﴾ لَكُمْ فِيهَا مَنَٰفِعُ إِلَىٰٓ أَجَلٍ
مُّسَمًّى ثُمَّ مَحِلُّهَآ إِلَى ٱلْبَيْتِ ٱلْعَتِيقِ ﴿٣٣﴾

*كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى ئۇنى بوران يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ① [31]. (ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنى) مانا مۇشۇدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (سىمۋوللۇق) ئالامەتلىرىنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، شەكسىزكى، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر② [32]. سىلەر (ھەرەمگە ھەدىيە قىلىدىغان) ماللاردىن بەلگىلەنگەن بوغۇزلاش ۋاقتىغىچىلىك پايدىلانساڭلار بولىدۇ③، ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاشقا تېگىشلىك جاي بەيتۇللاھنىڭ يېنىدۇر (يەنى ھەرەمدۇر)④ [33].*

① يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچى خۇددى چوڭ قۇشلار تېزلىك بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ كىچىك جانلىقلارنى تۇتۇپ، يەپ كەتكەندەك ياكى بوران ئۇنى ئۇچۇرۇپ يىراق جايلارغا تاشلىۋەتكەندەك، ئاندىن ئۇنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمىغاندەك بولۇپ قالىدۇ، ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى مۇقەررەر. شۇنىڭدەك يەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان ئىنسان نەپسى پاك، تەبىئىتى تۈز بولغانلىقتىن پاكلىقنىڭ يۇقىرى ماقامىغا يېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئىنسانمۇ ئۆزىنى ئېگىز جايدىن تۆۋەنگە ۋە پاك جايدىن نىجاسەتكە تاشلىۋالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

② ﴿شَعَٰٓئِرَ﴾ "شَعِيْرَةٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بەلگە، نىشان دېگەن مەنىدە، جەڭلەردە ئىشلىتىدىلىدىغان مەخپى بەلگە (كىملىكنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سىرلىق سۆز) "شِعَارٌ" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز ئارقىلىق ئەسكەرلەر بىر-بىرىنى تونۇيدۇ. مۇشۇ ئېتىبار بىلەن ﴿شَعَٰٓئِرَ اللّٰهِ﴾ دېگەن دىنىنىڭ بەلگىلىرى يەنى ئىسلامنى نامايەن قىلىدىغان

(سىمۋوللۇق) بەلگىلىك ئەھكاملار دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلىنىڭ كىملىك بەلگىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەھكاملار ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھدىن قورقىدىغانلىقىنى ۋە خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا دىندىكىلەردىن ئاللاھدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. سافا ۋە مەرۋە تاغلىرىمۇ ﴿شَعَآئِرِ اللّٰهِ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار ھەج ۋە ئۆمرە قىلغاندا بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىدۇ يەنى يەتتە قېتىم بېرىپ-كېلىدۇ. بۇ ئايەتتە ھەجنىڭ باشقا ئەمەللىرىمۇ ھەتتا قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللارمۇ ﴿شَعَآئِرَ اللّٰهِ﴾ دەپ ئاتالدى. ئەمدى «ئۇلارنى ئۇلۇغلاش» دېگەن قۇربانلىق قىلىدىغان مالنى ئوبدان تاللاپ، سېمىز ۋە سۈپەتلىكىنى قۇربانلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك مەزكۇر دىنىنىڭ بەلگىلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئۇلۇغلاش دىلدىكى تەقۋادارلىقنىڭ ئىپادىسى يەنى تەقۋادارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەمەللەر جۈملىسىدىندۇر.

③ يەنى بۇ چارۋا ماللارنىڭ سۈتىدىن، يۇڭىدىن، تېرىسىدىن پايدىلىنىشقا ھەتتا ئۇلارنى نەسىللەندۈرۈشكە، تۇغدۇرۇشقا ۋە مىنىشكە بولىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىتقىچە يەنى قۇربانلىق قىلىدىغان ۋاقىت كەلگۈچە مەزكۇر پايدىغا ئېرىشىسىلەر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللاردىن بوغۇزلايدىغان ۋاقىت كەلگەنگە قەدەر پايدىلىنىش جايىز. بىر سەھىھ ھەدىس بۇ نۇقتىنى كۈچلەندۈرىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۆگىنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ، ئۇ كىشىگە: «ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن» دېدى، ئۇ كىشى: بۇ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتالغان تۆگە ئىدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم يەنە: «ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن»، دېدى. ئۇ كىشى يەنە: «بۇ قۇربانلىققا ئاتىغان تۆگە ئىدى» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىمدا: «ۋاي ساڭا! ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن» دېدى». (سەھىھۇل بۇخارى 1690-ھەدىس)

④ ﴿مَحِلُّهَآ﴾ بوغۇزلاش ھالال بولىدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ يەنى ھاجىلار ئەرەپاتتىن قايتقاندىن كېيىن بۇ چارۋا ماللارنى مەككىدە يەنى ھەرەم چېگراسىنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالىدىغان مەزكۇر پايدىلارمۇ توختايدۇ. شۇنداقلا بۇ ماللار ھەرەم ئۈچۈن ھەدىيە بولۇپ، ھەرەمنىڭ دائىرىسى ئىچىدىلا بوغۇزلىنىدۇ، ئۇ ماللارنىڭ گۆشلىرى مەككىدىكى پېقىر-مىسكىنلەرگە تەقسىم قىلىنىدۇ.

وَلِكُلِّ أُمَّةٖ جَعَلۡنَا مَنسَكٗا لِّيَذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ
بَهِيمَةِ ٱلۡأَنۡعَٰمِۗ فَإِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ فَلَهُۥٓ أَسۡلِمُواْۗ وَبَشِّرِ
ٱلۡمُخۡبِتِينَ ٣٤ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَٱلصَّٰبِرِينَ عَلَىٰ
مَآ أَصَابَهُمۡ وَٱلۡمُقِيمِي ٱلصَّلَوٰةِ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ٣٥ وَٱلۡبُدۡنَ
جَعَلۡنَٰهَا لَكُم مِّن شَعَٰٓئِرِ ٱللَّهِ لَكُمۡ فِيهَا خَيۡرٞۖ فَٱذۡكُرُواْ ٱسۡمَ
ٱللَّهِ عَلَيۡهَا صَوَآفَّۖ

***ھەر ئۈممەت، ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (بوغۇزلىغاندا) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق①، (بىلىڭلاركى) سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغىلا بويسۇنۇڭلار. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھقا چىن قەلبىدىن بويسۇنغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) بېشارەت بەرگىن [34]. ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھ ياد ئېتىلسە، قورقۇپ دىللىرى تىترەيدۇ، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ئاللاھ بۇيرىغان يوللارغا) خەجلەيدۇ [35]. قۇربانلىق تۆگىلىرىنىمۇ② ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (سىمۋوللۇق) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن كۆپ مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن) تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)③،***

① ﴿مَنْسَك﴾ " نَسَكَ، يَنْسِكُ " دېگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش دېگەن مەنىدە. " ذَبِيْحَةٌ " (بوغۇزلانغان ھايۋان) مۇ " نَسِيْكَةٌ " دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ سۆزنىڭ كۆپلۈكى " نُسُكٌ " بولىدۇ، ئۇنىڭ يەنە ئىتائەت ۋە ئىبادەت دېگەن مەنىلىرىمۇ بار. چۈنكى ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مال قۇربانلىق قىلىشمۇ ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن غەيرىينىڭ نامىغا ئاتاپ ياكى ئۇلارنى خۇش بولسۇن دەپ مال بوغۇزلاش ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئىبادەت قىلغانلىق بولىدۇ. ﴿مَنْسَك﴾ نىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، (سىن ھەرپى زەۋەرلىك ياكى زىرلىك كەلسۇن)

شۇ پېئىل يۈز بېرىدىغان ماكاننى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: " مَنْسِكٌ- مَوْضِعُ نَحْرٍ أَوْ مَوْضِعُ عِبَادَةٍ " (بوغۇزلايدىغان ياكى ئىبادەت قىلىدىغان جاي) دېگەنگە ئوخشاش، " مَنَاسِكُ حَجٍّ " دېگەن سۆزمۇ ئاشۇ ۋەزىندە كەلگەن بولۇپ، ھەج ئەمەل-ئىبادەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەرەپات، مۇزدەلىفە، مىنا، مەككە قاتارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ. ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى ۋە رۇكنىلىرىمۇ " مَنَاسِكُ " دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئايەت بايان قىلغان ئۇقۇم شۇكى، ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى قەۋملەرگىمۇ ئۆزىگە يېقىنلىق ھاسىل قىلىپ تۇرسۇن ئۈچۈن مال بوغۇزلاش ۋە ئىبادەتنىڭ يوللىرىنى بەلگىلەپ بېرىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئالسۇن يەنى " بِسْمِ اللهِ وَاللهُ أَكْبَرُ" دەپ بوغۇزلىسۇن ۋە ئاللاھقا زىكىر ئېيتسۇن.

② ﴿بُدْنَ﴾ «تۆگىلەر» " بُدْنَةٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئومۇمەن قۇربانلىق ئۈچۈن بېقىلىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ساپ ھەم سېمىز بولىدۇ. شۇڭا ئۇ " بُدْنَةٌ " (سېمىز مال) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى لۇغەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە بۇ سۆز تۆگە ۋە كالا ھەر ئىككىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بەزىلەر ئۇنى پەقەت تۆگىگە خاس قىلىپ قويغان. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بۇ سۆز ئىشلىتىلگەن: «كىمكى جۈمە نامىزىغا بىرىنچى سائەتتە بالدۇر بارسا، ئۇنىڭغا بىر " بُدْنَةٌ " تۆگە قۇربانلىق قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ، ئەگەر ئىككىنچى سائەتتە بارسا، ئۇنىڭغا بىر " بَقَرَةٌ " كالا قۇربانلىق قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 881-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 850-ھەدىس) جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى قۇربانلىق ماللارنىڭ ئىچىدىن تۆگە ۋە كالىغا يەتتە كىشىنىڭ شېرىكلىشىشىمىزگە بۇيرۇيتتى». (سەھىھ مۇسلىم 1318-ھەدىس) «ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىق ئۈچۈن كالىمۇ تۆگىگە ئوخشاش يەتتە كىشىگە كۇپايە قىلىدۇ».(سەھىھ مۇسلىم 1318-ھەدىس، تەپسىر قۇرتۇبى، روھۇلمەئانى، ئەلمىسباھ ئەلمۇنىر) دېمەك قۇربانلىق ئۈچۈن ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلغان تۆگە ۋە كالىلارمۇ ﴿شَعَآئِرَ اللّٰهِ﴾غا كىرىدۇ. يەنى بۇلارمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكى ۋە ئىمتىيازى خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (سىمۋوللۇق) بەلگىلىرى ۋە ئەھكاملىرىدۇر.

③ ﴿صَوَآفَّ﴾ " مَصْفُوْفَةٌ " (سەپتە تۇرغان، قاتار تۇرغۇزۇلغان) دېگەن مەنىدە. تۆگىلەر ئەنە شۇنداق تۇرغۇزۇلىدۇ يەنى تۆگىنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىنىدۇ.

فَإِذَا وَجَبَتْ جُنُوبُهَا فَكُلُواْ مِنْهَا وَأَطْعِمُواْ ٱلْقَانِعَ وَٱلْمُعْتَرَّۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرْنَٰهَا لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٣٦﴾

***ئۇلارنىڭ يانلىرى يەرگە يىقىلىپ، جېنى چىققاندا① ، ئۇلاردىن يەڭلار② ، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار③ ، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردۇق [36].***

① يەنى قېنى تولۇق چىقىپ بولغاندىن كېيىن جانسىز بولۇپ، يەرگە يىقىلغان چاغدا ئۇنى پارچىلىساڭلار بولىدۇ. چۈنكى جېنى بار مالنىڭ گۆشىنى پارچىلاپ يېيىش چەكلەنگەن. «ھايۋاندىن تىرىك تۇرغۇزۇپ كېسىۋېلىنغان بىر پارچە گۆش ئۆلۈك ھېسابلىنىدۇ» يەنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانغا ئوخشاش ھۆكۈمدە بولىدۇ. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد، 2858 ـ ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 1480 ـ ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە 3216 ـ ھەدىس)

② بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە بۇ يەردىكى «يەڭلار» دېگەن بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى بىلدۈرىدۇ. يەنى قۇربانلىق قىلغان گۆشتىن يېيىش قۇربانلىق قىلغۇچىغا ۋاجىپ يەنى يېيىشى زۆرۈردۇر. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە ئۇ بۇيرۇق مۇستەھەب ھۆكمىدە بولۇپ، جايىزلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى ئەگەر قۇربانلىق قىلغۇچى ئۇ گۆشتىن يېسە، ياخشى (مۇستەھەب)، يەنى يېسە جايىز بولىدۇ. ئەگەر ئازراقمۇ يېمەي ھەممىنى سەدىقە قىلىۋەتسىمۇ، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

③ ﴿ٱلْقَانِعَ﴾نىڭ بىر مەنىسى سائىل يەنە بىر مەنىسى قانائەت قىلغۇچى، يەنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى بىر نەرسە سورىمايدىغان قانائەتچان كىشىلەرگە بېرىڭلار، بەزى ئۆلىمالار ﴿وَٱلْمُعْتَرَّ﴾نى بىر نەرسە تىلىمەستىن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىدىغانلار دەپ تەپسىر قىلىدۇ، بەزىلەر ﴿قَانِعَ﴾نى سائىل، سوراپ كەلگۈچى، ﴿ٱلْمُعْتَرَّ﴾نى زىيارەتكە كەلگۈچى، كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەنلەر دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ھەر ھالدا ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، قۇربانلىق گۆش ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بىر قىسمىنى قۇربانلىق قىلغۇچى ئۆزى يەيدۇ، يەنە بىر قىسمىنى مېھمانلارغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قويىدۇ، ئۈچىنچى بىر قىسمىنى جەمىيەتتىكى پېقىر، موھتاجلارغا بېرىدۇ، دېدى. بۇ نۇقتىنى

تۆۋەندىكى ھەدىس كۆچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى سىلەر ئۇنىڭ گۆشىدىن يەڭلار ۋە ساقلىغىنىڭلارچە ساقلاڭلار». بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، ساقلاڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، (باشقىلارغا) يېگۈزۈڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار». (سەھىھۇل بۇخارى **5569**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **1971**-ھەدىس، سۇنەنى ئەبى داۋۇد **2812**-ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى **1510**-ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە **3160**-ھەدىس، سۇنەنى نەسائى **4436**-ھەدىس) بەزى ئۆلىمالار قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، بىرىمىنى ئۆزى يەيدۇ، بىرىمىنى سەدىقە قىلىدۇ، دەپ، مەزكۇر ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، ھېچبىر ئايەت ياكى ھەدىستىن قۇربانلىق گۆشىنى ئىككى ياكى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە ھۆكۈم چىقمايدۇ، بەلكى ئۇنى يېيىش ۋە يېگۈزۈشكە مۇتلەق ھۆكۈم بار، شۇڭا بۇ مۇتلەق ھۆكۈمنى ئۆز جايىدا قويۇش كېرەك ھەممىدە ھەر خىل تەقسىملەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشنى زۆرۈرىيەت ئورنىغا چىقىرىپ قويماسلىق لازىم. ئەمما قۇربانلىقنىڭ تېرىسى ھەققىدە ھەممە بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆزى ئىشلىتىش ياكى سەدىقە قىلىش كېرەك، سېتىش جايىز ئەمەس. (مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد **4**-توم، **15**-بەت) بەزى ئۆلىمالار تېرىنى ئۆزى سېتىپ، پۇلنى پېقىرلەرگە تارقىتىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) مۇھىم ئىزاھات: قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەتتە قۇربانلىق ھەج ئەھكاملىرى بىلەن بىر جايدا كەلدى، بۇنى ھەدىس ئىنكارچىلىرى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، قۇربانلىق پەقەت ھاجىلارغا خاس، باشقا مۇسۇلمانلارغا قۇربانلىق قىلىش لازىم كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ قاراش توغرا ئەمەس. قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان مۇتلەق ھۆكۈم باشقا ئايەتتىمۇ كەلگەن. ﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن﴾. (سۈرە كەۋسەر 2-ئايەت) بۇ ھۆكۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇ مەدىنىدە ھەر يىلى زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى قۇربانلىق قىلىپ كەلگەن ۋە مۇسۇلمانلارنىمۇ قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرىغان، ساھابە كىراملارمۇ قۇربانلىق قىلىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاقتى ۋە قائىدىلىرىنى تەلىم بەرگەن، ئۇ مۇنداق دېگەن: «زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى بىزنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشىمىز ھېيت نامىزىنى ئوقۇش. ئاندىن نامازدىن قايتىپ قۇربانلىق

قىلىش. كىمكى مۇشۇنداق قىلسا، بىزنىڭ سۈننىتىمىزنى ئادا قىلغان بولىدۇ، كىمكى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلىدىكەن، ئۇ قۇربانلىق ھېسابلانماستىن، بەلكى يېيىشكە ئالدىراپ سويۇلغان گۆش ھېسابلىنىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 968-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1961-ھەدىس) بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولىدىكى، قۇربانلىق ھەربىر مۇسۇلمانغا بۇيرۇلغان ئەمەلدۇر، ئۇ قەيەردە بولسۇن، قۇربانلىق قىلىدۇ. ھاجىلار مىنادا ھەج ئەمەللىرى بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇمايدۇ. بۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، بۇ ھۆكۈم ھەج قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغاندۇر. قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى پەرز ئەمەس بەلكى تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتى بىلەن بىر قانچە مالنى قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەتمۇ سۈننەتكە خىلاپتۇر. ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن بىر ئائىلە ئەزالىرى بىر مال قۇربانلىق قىلسا، يېتەرلىك بولىدۇ، بۇ ئىش ساھابىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە ئۇيغۇندۇر. (سۈنەنى تىرمىزى 1505-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 3147-ھەدىس)

لَن يَنَالَ ٱللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَآؤُهَا وَلَٰكِن يَنَالُهُ ٱلتَّقْوَىٰ مِنكُمْۚ
كَذَٰلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُواْ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمْۗ وَبَشِّرِ
ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٣٧﴾ ۞ إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ
كُلَّ خَوَّانٖ كَفُورٍ ﴿٣٨﴾ أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَٰتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُواْۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ
نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ ﴿٣٩﴾ ٱلَّذِينَ أُخْرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِم بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّآ أَن
يَقُولُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُۗ وَلَوْلَا دَفْعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٖ لَّهُدِّمَتْ
صَوَٰمِعُ وَبِيَعٞ وَصَلَوَٰتٞ وَمَسَٰجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا ٱسْمُ ٱللَّهِ كَثِيرٗاۗ
وَلَيَنصُرَنَّ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ﴿٤٠﴾

***ئاللاھقا ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىپ بارىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر. ئاللاھنىڭ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا (تەكبىر ئېيتىپ) ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق***

***بويسۇنىدۇرۇپ بەردى. (ئى پەيغەمبەر! تائەت - ئىبادەتنى) قىنىرقىنىپ قىلغۇچىلارغا (ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن [37]. ئاللاھ (ھەقىقىي) مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ①، ئاللاھ ھەرقانداق خىيانەتچى، تۇزكور بەندىنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ [38]. (كاپىرلار تەرىپىدىن) ھۇجۇم قىلىنغۇچى (مۇسۇلمان) لارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى②. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر [39]. ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغانلاردۇر. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بەزىسىنى بەزىسى بىلەن توسۇپ تۇرمىسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ زىكىر قىلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەنلەرگە ئەلۋەتتە ئاللاھ ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [40].***

① ھىجرىيەنىڭ 6 - يىلى كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسىنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى مەككىگە كىرىپ ئۆمرە قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىككى يىلدىن كېيىنلا كاپىرلارنىڭ غەلىبىسىنى مەغلۇبىيەتكە ئۆزگەرتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى يوقاتتى، مۇسۇلمانلارنى غالىپ ئورۇنغا چىقاردى.

② كۆپ ساندىكى سەلەپ ئۆلىمالىرى دەيدۇكى، بۇ ئايەتتە ھەممىدىن بۇرۇن جىھاد قىلىشقا ئەمر قىلىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى تۈرلۈك غايىسى بايان قىلىندى. ئۇ بولسىمۇ زۇلۇمغا خاتىمە بېرىش ۋە ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىشتۇر. شۇ ۋەجىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىنمىسا، ئۇلارنىڭ نالىسىغا قۇلاق سېلىنمىسا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى، قورالللىقلار قورالسىزلارنى خاتىرجەم ياشىغىلى قويمايدۇ، نەتىجىدە دۇنيا زۇلۇمغا تولىدۇ، پىتنە-پاسات كۆپىيىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىنمىسا، باتىلنى يوق قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىنمىسا، باتىل كۈچىيىپ دۇنيادا ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك قالمايدۇ، ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدىغانلارغا ئىبادەت قىلىدىغان جاي قالمايدۇ. (تەپسىلاتى سۈرە بەقەرە

251-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى) ﴿صَوَامِعُ﴾ دېگەن " صَوْمِعَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، كىچىك چېركاۋ مەنىسىدە، ﴿بِيَعٌ﴾ دېگەن " بِيْعَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، چوڭ چېركاۋ دېگەن مەنىدە، ﴿صَلَوٰتٌ﴾ بولسا، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، ﴿مَسَٰجِدُ﴾ مەسجىدلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتگاھىدۇر.

ٱلَّذِينَ إِن مَّكَّنَّٰهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ أَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُا۟ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَمَرُوا۟ بِٱلْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا۟ عَنِ ٱلْمُنكَرِ ۗ وَلِلَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلْأُمُورِ ﴿٤١﴾

***ئۇلار (يەنى ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغانلار) شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر بىز ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ①. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر② [41].***

① بۇ ئايەتتە ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق غايە-مەقسەت ۋە نىشانلىرى بايان قىلىندى. بۇ غايە-مەقسەتلەرنى توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە قۇرۇلغان ئىسلامىي ھۆكۈمەتلەر ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇلار مەزكۇر غايىلەرنى بىرىنچى دەرىجىدە ئىجرا قىلىندىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلار قاتارىغا قويغان ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتتى، كىشىلەرمۇ باياشات ۋە خۇشال ياشىدى، مۇسۇلمانلار ئەزىز ۋە كۈچلۈك بولدى. بۈگۈنمۇ سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن مەزكۇر ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن بۇ دۆلەت ھازىرمۇ ئەمىنلىك ۋە باياشاتلىق جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ۋە ئۈلگىلىك بىر دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئىسلامىي دۆلەتلەردە باياشات دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە قۇرۇق گەپ ۋە غەۋغا كۆپ بولۇپ كەتتى، رەئىسلىك مەنسىپىگە چىقماقچى بولغان ياكى چىققان ھەربىر ھاكىم دۆلەتنى ئەمىنلىك ۋە باياشاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ دۆلەتلەردە خاتىرجەمسىزلىك، پارىخورلۇق، ئوغرۇلۇق،

بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قاتارلىق جىنايەتلەر كۆپ يۈز بېرىۋاتىدۇ، كىشىلەر خار ۋە زەبۇنلۇقتا ياشاۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئاللاھ كۆرسەتكەن يولنى تاللىماي، غەرپنىڭ جۇمھۇرىيەت ۋە دىنسىز نىزامى ئارقىلىق باياشاتلىققا ئېرىشمەكچى بولىۋاتىدۇ، بۇ خۇددى ئاسماننى ئېتەك بىلەن ياپماقچى بولغاندەك، شامالنى مۇشت بىلەن توسماقچى بولغاندەكلا بىر ئىشتۇر. مۇسۇلمان دۆلەتلەر قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن پرىنسىپكە ئاساسەن ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشقا ئەھمىيەت بەرمىسە، ئەمەلدارلاردىكى شەخسىيەتچىلىك، ئۆز مەنپەئەتى ياكى جەمەتىگە چوغ تارتىش، چېرىكلىك، پارىخورلۇق، ھورۇنلۇق، ھارامدىن قورقماسلىق ۋە ئىلىمسىزلىكتىن ئىبارەت شەرئەت چەكلىگەن بۇ ئىشلارغا خاتىمە بېرىپ، دۆلەتنى ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا، مائارىپ جەھەتتىن كۈچلەندۈرۈپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرمىسە ۋە بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ۋە دىنىي مەجبۇرىيىتى دەپ بىلمىسە، شۇنداقلا بۇ ئەھكاملارنى ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان مۇھىم ئىشلىرى قاتارىغا كىرگۈزمىسە، باياشات دۆلەت قۇرۇشقا ھەرگىز مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

② يەنى ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرىگە قايتىدۇ. ئۇنىڭ ئەمرى بولماستىن كائىناتتا بىر تال ياپراقمۇ مىدىرلىمايدۇ. شۇنىڭدەك ھېچكىم ئاللاھنىڭ ئەھكام ۋە پرىنسىپلىرىدىن چەتنەپ، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ وَعَادٌ وَثَمُودُ ﴿٤٢﴾ وَقَوْمُ
إِبْرَٰهِيمَ وَقَوْمُ لُوطٍ ﴿٤٣﴾ وَأَصْحَٰبُ مَدْيَنَ ۖ وَكُذِّبَ مُوسَىٰ ۖ فَأَمْلَيْتُ
لِلْكَٰفِرِينَ ثُمَّ أَخَذْتُهُمْ ۖ فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٤٤﴾ فَكَأَيِّن مِّن قَرْيَةٍ
أَهْلَكْنَٰهَا وَهِىَ ظَالِمَةٌ فَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا وَبِئْرٍ مُّعَطَّلَةٍ
وَقَصْرٍ مَّشِيدٍ ﴿٤٥﴾

*ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارسا (بۇنىڭغا بىئارام بولمىغىن)، ئۇلاردىن بۇرۇن نۇھنىڭ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى،*

*ئىبراھىمنىڭ قەۋمى، لۇتنىڭ قەۋمى ۋە مەديەن ئاھالىسىمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانغا چىقارغان، مۇسامۇ يالغانغا چىقىرىلغان. كاپىرلارغا مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم①، مېنىڭ (ئۇلارغا بەرگەن) جازايىم قانداق ئىكەن؟② [42 ـ 44]. بىز نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى ئاھالىلىرى (كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە ھالاك قىلدۇق. شۇڭلاشقا ئۇ شەھەرلەر تاملىرى بىلەن (ئۇ جايلاردا) ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، تاملىرى ئۈستىگە يىقىلغان، نۇرغۇن شەھەرلەر، نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە (ئاھالىسىز قالغان) ئېگىز قەسىرلەر قالدى [45].*

① بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ مەككىدىكى كاپىرلار سېنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ بىر يېڭى ئىش ئەمەس، ئىلگىرىكى قەۋملەرمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى، مەنمۇ ئۇلارغا مۆھلەت بېرىپ تۇردۇم، كېيىن مۆھلىتى توشقاندا ئۇلارنى ھالاك قىلدىم. بۇ ئايەتتە مەككە مۇشرىكلىرىغا كىنايە تەرىقىسىدە دېيىلىۋاتىدۇكى، سىلەر ھەقنى ئىنكار قىلساڭلارمۇ ھازىرغا قەدەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالغان بولساڭلار، بۇنى بىزدىن ھېساپ ئالىدىغان ھېچكىم يوق ئىكەن دەپ چۈشىنىپ قالماڭلار، بەلكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەر قەۋمگە بېرىدىغان مۆھلىتىدۇر. كىمكى بۇ مۆھلەتتىن پايدىلىنىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان يولنى تاللىۋالمىسا، كېيىن ئۇ ھالاكەتكە ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىنىدۇ، خارلىققا قالىدۇ.

② يەنى ئۇلارنى نېمەتلىرىمدىن مەھرۇم قىلىپ، ھالاكەت ئازابىغا دۇچار قىلغانلىقىم قانداق ئىكەن؟

أَفَلَمْ يَسِيرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَآ أَوْ ءَاذَانٌ
يَسْمَعُونَ بِهَا ۖ فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى ٱلْأَبْصَٰرُ وَلَٰكِن تَعْمَى ٱلْقُلُوبُ
ٱلَّتِى فِى ٱلصُّدُورِ ﴿٤٦﴾ وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِٱلْعَذَابِ وَلَن يُخْلِفَ ٱللَّهُ
وَعْدَهُۥ ۚ وَإِنَّ يَوْمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلْفِ سَنَةٍ مِّمَّا تَعُدُّونَ ﴿٤٧﴾ وَكَأَيِّن

مِّن قَرۡيَةٍ أَمۡلَيۡتُ لَهَا وَهِيَ ظَالِمَةٞ ثُمَّ أَخَذۡتُهَا وَإِلَيَّ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٤٨﴾
قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّمَآ أَنَا۠ لَكُمۡ نَذِيرٞ مُّبِينٞ ﴿٤٩﴾

***ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن) يەر يۈزىنى كەزمىدىمۇ؟ (شۇنداق قىلغان بولسا) ئۇلارنىڭ چۈشىنىدىغان ئەقىللىرى ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بولاتتى. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر (ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)① [46]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (مەسخىرە تەرزدە) سەندىن ئازابنىڭ تېز چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ (ئازاب چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ)، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ (ئۇنى چوقۇم چۈشۈرىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر② [47]. نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولسىمۇ، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى)، ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر③ [48]. (ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ تېز چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن پەقەت سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»④ [49].***

① ھەرقانداق بىر قەۋم ئازغۇنلۇقتا چەكتىن ئېشىپ، ئىبرەت ئېلىش ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ قويسا، ھىدايەت يولىنى تاپالماستىن، ئىلگىرىكى قەۋملەردەك ھالاكەت ۋە ياман قىسمەتكە قالىدۇ. بۇ ئايەتتە چۈشىنىش ۋە ئەقىل ئىشلىتىش دىلغا مەنسۇپ قىلىنىدى، بۇنىڭدىن ئەقىلنىڭ ئورنى دىل دېگەنگە دەلىل چىقىدۇ، بەزىلەر ئەقىلنىڭ ئورنى مېڭە دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر: بۇ ئىككى خىل قاراشتا زىتلىق يوق، چۈنكى ئىدراك ۋە

چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتا مېڭە بىلەن دىل ھەر ئىككىسى مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەت بار، دەپ قارايدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە ئەيسەر تەپاسىر)

② شۇڭلاشقا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھېسابى بويىچە ئالدىرايدۇ، لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ھېسابى بويىچە بىر كۈن مىڭ يىلغا تەڭدۇر، بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر ئۇ بىر ئىنسانغا بىر كۈن) 24 سائەت (مۆھلەت بەرسە، مىڭ يىل مۆھلەت بەرگەن بولىدۇ، يېرىم كۈن مۆھلەت بەرسە، 500 يىل، ئەگەر ئالتە سائەت مۆھلەت بەرسە، 250 يىل مۆھلەت بەرگەن بولىدۇ ۋە شۇ قەدەر ئازابقا دۇچار بولىدۇ، قالغىنى مۇشۇ تەرىقىدە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بىر ئادەمگە ئاللاھ تەرەپتىن بىر سائەت مۆھلەت بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا قىرىق يىل مۆھلەت بېرىلگەن بولىدۇ، دېمەكتۇر. (ئەيسەر تەپاسىر) بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇنداق: ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە بىر كۈن مىڭ يىلغا باراۋەردۇر. شۇڭا مۆھلەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كېچىكتۈرۈشنىڭ ھېچ پەرقى يوق. ئىنسانلار تېزراق بولسىكەن دەپ ئالدىرىتىدۇ. ئاللاھ بولسا كېچىكتۈرىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ئاخىرىدا ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي قويمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ «كۈن» نى ئاخىرەتتىكى كۈن دەپ ئېلىپ، قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن بىر كۈن كىشىلەرگە مىڭ يىلدەك بەلكى 50 مىڭ يىلدەك بىلىنىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئاخىرەتنىڭ كۈنى راستتىنلا مىڭ يىل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن بەك بىلگۈچىدۇر، يۈكسەكتۇر.

③ شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۆھلەت قانۇنىيىتىنى يەنە بايان قىلدى: مەن تەرەپتىن كېلىدىغان ئازاب ھەر قانچە كېچىكىپ كەتسىمۇ، جازادىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ، ھەم قېچىپ كېتەلمەيدۇ. ھەركىم ئاخىرى مېنىڭ دەرگاھىمغا كېلىدۇ.

④ بۇ يەردە ئازاب تەلەپ قىلغان كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارغا دېيىلىۋاتىدۇكى، مېنىڭ ۋەزىپەم بېشارەت بېرىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئازاب ئەۋەتىش بولسا، ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. ئازابنى دەرھال ئەۋەتىش ياكى تەخىر قىلىپ ئەۋەتىش ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بىلەن بولىدۇ. بۇ توغرىدىكى مەلۇماتنىمۇ ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. گەرچە بۇ خىتاپ ئەسلىدە مەككە ئەھلىگە قارىتىلغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارغا رەھبەر ۋە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن ﴿يَاأَيُّهَاالنَّاسُ﴾ «ئى ئىنسانلار» دېگەن ئىبارە

ئىشلىتىلدى. دېمەك بۇ خىتاب بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا قىيامەتكىچە كېلىدىغان مەككە ئەھلىگە ئوخشاش يول تۇتىدىغان بارلىق كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار كىرىدۇ.

فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ﴿٥٠﴾
وَٱلَّذِينَ سَعَوۡاْ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٥١﴾
وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٖ وَلَا نَبِيٍّ إِلَّآ إِذَا تَمَنَّىٰٓ أَلۡقَى
ٱلشَّيۡطَٰنُ فِيٓ أُمۡنِيَّتِهِۦ فَيَنسَخُ ٱللَّهُ مَا يُلۡقِي ٱلشَّيۡطَٰنُ ثُمَّ يُحۡكِمُ
ٱللَّهُ ءَايَٰتِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٥٢﴾

***ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار [50]. بىزنى جازالىمايدۇ دەپ قاراپ، ئايەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇرۇنغۇچىلار① ــ ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر [51]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قايسىبىر رەسۇل، (كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەر)، قايسىبىر نەبى (كىتاب بېرىلمىگەن پەيغەمبەر) بولسۇن، ئۇ (ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى) تىلاۋەت قىلغاندا، شەيتان ئۇنىڭ تىلاۋىتىگە (شەك ـ شۈبھىلەرنى) تاشلايتتى. ئاللاھ شەيتان تاشلىغان شەك ـ شۈبھىلەرنى بەربات قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر②، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [52].***

① ﴿مُعَٰجِزِينَ﴾ يەنى بىزنى ئاجىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىمىز، ھاردۇرۇمىز ۋە بىزنى ئۇلارنى جازالىيالمايدۇ دەپ ئويلاپ، ئايەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇرۇنغۇچىلار دوزىخىيدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ۋە ھېساب بېرىشنى ئىنكار قىلاتتى.

② ﴿تَمَنَّىٰٓ﴾نىڭ بىر مەنىسى، ئارزۇ قىلدى ياكى كۆڭلىدە بىر ئىشنى خىيال قىلدى. ئىككىنچى مەنىسى، ئوقۇدى ياكى تىلاۋەت قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ﴿أُمۡنِيَّتِهِۦ﴾ ئارزۇ، خىيال ياكى تىلاۋەت دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

بىرىنچى مەنىگە ئاساسەن مۇنداق ئۇقۇم چىقىدۇ: پەيغەمبەرنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىسۇن دەپ شەيتان ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىدۇ. رەسۇل ۋە نەبىينىڭ ئارزۇسى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن ئىبارەت. شەيتان ئۇنىڭغا توسالغۇ بولۇپ، كۆپ كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. ئىككىنچى مەنىگە ئاساسەن مۇنداق ئۇقۇم چىقىدۇ: قاچانىكى بىر رەسۇل ياكى نەبىي ۋەھيي قىلىنغان كالامنى ئوقۇسا ۋە تىلاۋەت قىلسا، شەيتان ئۇنىڭ ئوقۇغىنىغا ۋە تىلاۋىتىگە ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ ياكى ئۇنىڭ تىلاۋىتى ھەققىدە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە شۈبھە تاشلايدۇ ۋە ئۇخۇمدىن تۈرلۈك ئۇندىرۇشكە ئۇرۇنىدۇ. ئاللاھ تائالا شەيتاننىڭ توسالغۇلىرىنى يوق قىلىپ ياكى تىلاۋەتكە سۆز ئارىلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇنۇشلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ياكى شەيتان پەيدا قىلغان شەك-شۈبھىلەرنى بەربات قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى تېخىمۇ روشەن ۋە مۇستەھكەم قىلىدۇ. بۇ ئايەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. شەيتاننىڭ توسقۇنلۇقلىرىغا سەنلا ئەمەس، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇچرىغان. سەن بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمىگىن، شەيتاننىڭ شەررى، كاشىلىسى ۋە توسقۇنلۇقلىرىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ساقلاپ كەلگەندەك، سېنىمۇ چوقۇم ساقلايمىز. شەيتان ھەر قانچە توسقۇنلۇق قىلسىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ كالامىنى ھامان ئۈستۈن ۋە مۇستەھكەم قىلىدۇ.

لِّيَجْعَلَ مَا يُلْقِى ٱلشَّيْطَـٰنُ فِتْنَةً لِّلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ وَٱلْقَاسِيَةِ قُلُوبُهُمْ ۗ وَإِنَّ ٱلظَّـٰلِمِينَ لَفِى شِقَاقٍۭ بَعِيدٍ ﴿٥٣﴾ وَلِيَعْلَمَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْعِلْمَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَيُؤْمِنُوا۟ بِهِۦ فَتُخْبِتَ لَهُۥ قُلُوبُهُمْ ۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهَادِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٥٤﴾ وَلَا يَزَالُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فِى مِرْيَةٍ مِّنْهُ حَتَّىٰ تَأْتِيَهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغْتَةً أَوْ يَأْتِيَهُمْ عَذَابُ يَوْمٍ عَقِيمٍ ﴿٥٥﴾

***(ئاللاھنىڭ شەيتانغا مۇنداق يول قويۇشى) دىللىرىدا (شەك ۋە مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنى، دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرنى (يەنى ئاللاھنىڭ زىكرىگە دىلى ئېرىمەسلەرنى) شەيتاننىڭ تاشلىغان شۈبھىسى بىلەن سىناش ئۈچۈندۇر①، شەكسىزكى، بۇ زالىملار***

***(ھەقتىن) تامامەن يىراق، (ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە) قارشىلىق ئىچىدىدۇر [53]. (ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق قىلىشى) ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشى ۋە دىللىرىنىڭ ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنۇشى ئۈچۈندۇر②. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر③ [54]. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار تاكى ئۇلارغا قىيامەت ئۇشتۇمتۇت كەلگەنگە ياكى ئۇلارغا تۇغماس كۈننىڭ ئازابى يەتكەنگە قەدەر قۇرئاندىن ئىزچىل شەكلىنىپ تۇرىدۇ④ [55].***

① يەنى شەيتان كىشىلەرنى گۇمراھ قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ قىلتىقىغا دىلىدا كۇفرى ۋە مۇناپىقلىق كېسىلى بار كىشىلەر ياكى كۆپ گۇناھ قىلىپ دىللىرى قېتىپ كەتكەن كىشىلەر چۈشىدۇ.

② يەنى شەيتاننىڭ سالغان شۈبھىسى ئەسلىدە ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسى ۋە ئازدۇرىشىدۇر. بۇ شۈبھە بىر تەرەپتىن دىللىرىدا مۇناپىقلىق ۋە شەك بولغانلارنى يەنى كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنى سىناش ۋاستىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىم-مەرىپەت ئەھلىنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىشكە ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ، نەتىجىدە ئۇلاردا ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە بولغان ئىمان تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ ۋە دىللىرى ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ.

③ يەنى ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر. دۇنيادا توغرا يولغا يېتەكلىشى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەقىقەت تەرەپكە باشلايدۇ، ئۇلارنى ھەقنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئۇلارغا باتىلنى تونۇيدىغان ئاڭ ھەم چۈشەنچە ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭدىن ساقلاپ قالىدۇ. ئاخىرەتتە توغرا يولغا يېتەكلىشى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابتىن ۋە جەھەننەمدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنى جەننەتكە داخىل قىلىدۇ، جەننەتتە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا دىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئى ئاللاھ، بىزنى ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلغىن، ئامىن.

④ ﴿يَوْمٍ عَقِيمٍ﴾ «تۇغماس كۈن» دېگەندە قىيامەت كۈنى مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ «تۇغماس كۈن» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ كۈندىن كېيىن ھېچبىر كۈن بولمايدۇ. بالىسى بولمىغان ئايالمۇ " عَقِيمٍ " تۇغماس دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئۇ كۈندە كاپىرلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىنمايدۇ، ئۇ كۈن ئۇلارغا خەيرلىكتىن خالىي بولغانلىقى ئۈچۈن «تۇغماس كۈن» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدەك ئازاب بولۇپ كەلگەن بورانمۇ ﴿الرِّيحَ الْعَقِيمَ﴾ «توغماس بوران» دەپ ئاتالغان، ﴿ وَفِي عَادٍ إِذْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ الرِّيحَ الْعَقِيمَ﴾ «ئادنىڭ (قىسسەسىدىمۇ) بىر تۈرلۈك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا توغماس (يامان) بوراننى ئەۋەتتۇق». (سۈرە زارىيات 41-ئايەت) «توغماس (يامان) بوران» يەنى ھېچقانداق خەيرلىك بولمىغان بوران ياكى يامغۇردىن بېشارەت بەرمىگەن بوراندۇر.

ٱلۡمُلۡكُ يَوۡمَئِذٖ لِّلَّهِ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡۚ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٥٦﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا فَأُوْلَٰٓئِكَ
لَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٥٧﴾ وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ قُتِلُوٓاْ أَوۡ
مَاتُواْ لَيَرۡزُقَنَّهُمُ ٱللَّهُ رِزۡقًا حَسَنٗاۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٥٨﴾
لَيُدۡخِلَنَّهُم مُّدۡخَلٗا يَرۡضَوۡنَهُۥۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَعَلِيمٌ حَلِيمٞ ﴿٥٩﴾

***ئۇ كۈندە پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر①، ئاللاھ ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار نازۇ - نېمەتلىك جەننەتلەردە بولىدۇ [56]. كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار (دوزاختا) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ [57]. ئاللاھنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغان②، ئاندىن (جىھاد مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلگەن ياكى (باشقا جايلاردا) ئۆلگەنلەرگە ئاللاھ چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ③. شەكسىزكى، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر④ [58]. ئاللاھ ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ⑤، شەكسىزكى، ئاللاھ (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى جازالاشقا ئالدىراپ***

***كەتمەيدىغان زاتتۇر)⑥ [59].***

① يەنى دۇنيادا ۋاقىتلىق شەكىلدە، ئىنسانلارنىڭ ئىمتىھان يۈزىسىدىن كىشىلەرگە پادىشاھلىق، ھاكىملىق ۋە ھوقۇق-مەنسەپ بېرىلىدۇ، لېكىن ئاخىرەتتە ھېچكىمدە پادىشاھلىق، ھاكىملىق ۋە ھوقۇق-مەنسەپ بولمايدۇ، پەقەت بىر ئاللاھنىڭلا پادىشاھلىقى بولىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانى يۈرگۈزۈلىدۇ، پۈتۈن ھوقۇق ۋە غالىبلىق ئۇنىڭغا خاس بولىدۇ. ﴿پادىشاھلىق ئۇ كۈندە مەرھەمەتلىك ئاللاھقا خاستۇر، بۇ كۈن كاپىرلارغا قىيىندۇر﴾. (سۈرە فۇرقان 26-ئايەت) ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر ئاللاھقا خاستۇر﴾. (سۈرە غافىر 16-ئايەت)

② يەنى ھىجرەتتە تۇرغان ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتكەن ياكى شېھىت بولغانلارغا ئاللاھ تائالا كاتتا ئەجىر بېرىدۇ.

③ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھەرگىز تۈگەپ قالمايدىغان ۋە يوقالمايدىغان جەننەت نېمەتلىرىنى ئاتا قىلىدۇ.

④ چۈنكى ئاللاھ بەرسە، ھېسابسىز، ئەجىرسىز ۋە سورىماستىن بېرىدۇ. ئىنسانلار بىر-بىرىگە نەرسە بەرسە، ئەسلىدە ئاللاھنىڭ بەرگىنىدىن بېرىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئەسلىي رىزىق بەرگۈچىدۇر.

⑤ چۈنكى جەننەتنىڭ نېمەتلىرى «كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېلىپ باقمىغان نېمەتلەردۇر». بۇنداق نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولسا، كىممۇ مەمنۇن بولمىسۇن؟

⑥ ﴿عَلِيمٌ حَلِيمٌ﴾ ئاللاھ ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان دەرىجە ۋە مەرتىۋىلىرىنى بىلىدۇ. كۇفرى ۋە شېرىك ئەمەل قىلىدىغانلار، ئاسىيلار ۋە گۇناھكارلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.

۞ ذَٰلِكَۖ وَمَنۡ عَاقَبَ بِمِثۡلِ مَا عُوقِبَ بِهِۦ ثُمَّ بُغِيَ عَلَيۡهِ
لَيَنصُرَنَّهُ ٱللَّهُۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَعَفُوٌّ غَفُورٞ ٦٠ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي
ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِ وَأَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ بَصِيرٞ ٦١ ذَٰلِكَ بِأَنَّ

ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ هُوَ ٱلۡبَٰطِلُ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ
ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٦٢﴾

*ئىش (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئەنە شۇنداقتۇر①، كىمكى قانچىلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ شۇنچىلىك ئىنتىقامنى ئالغان بولسا، ئاندىن يەنە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ②، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر③ [60]. بۇ (يەنى شۇ نەرسە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇركى) ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)④، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [61]. بۇ (لارنىڭ ھەممىسى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ھەقتۇر⑤، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى باتىلدۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەممىدىن) ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر [62].*

① يەنى ئىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شۇنداق بەلگىلەنگەندۇركى، مۇھاجىرلار مەيلى شېھىت بولسۇن ياكى ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولسۇن، بىز ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىمىزنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمىز.

② ﴿عُوقِبَ﴾ " عُقُوْبَةٌ " دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بىر ئىشنىڭ جازاسى ياكى ئىنتىقامى دېگەن مەنىدە. كىمكى ئۆزى جازالانغان بويىچە جازالىسا يەنى كىمكى بىر كىشىگە زۇلۇم قىلغان بولسا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئۇزىگە قانچىلىك زۇلۇم قىلىنغان بولسا، شۇنچىلىك مىقداردا ئىنتىقام ئېلىشقا ھەقلىقتۇر. ئىنتىقام ئالغاندىن كېيىن زالىم ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى باراۋەر بولغان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى زالىم يەنە زۇلۇم قىلسا، ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. يەنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئەپۇ قىلماي ئىنتىقام ئالغانلىقى خاتالىق ھېسابلانمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۇنىڭغا ئىنتىقام ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان، شۇڭا ئۇ كەلگۈسىدىمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ھەقلىق بولىدۇ.

③ بۇنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، بۇ يەردە ئەپۇ قىلىۋېتىشكە تەرغىب قىلىنىپ دېيىلدىكى، ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، سىلەرمۇ ئەپۇچانلىق بىلەن ئىش قىلىڭلار. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئىنتىقام ئېلىشتا زالىمنىڭ قىلغىنىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، قانچىلىك زۇلۇم قىلغان بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار. ئەنە شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىشقا ئاللاھ تەرەپتىن رۇخسەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغۇچى ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ، جازالانمايدۇ، بەلكى ئەپۇ قىلىنىدۇ. بۇ ئايەتتە شەكىلداشلىق يۈزىسىدىن زۇلۇم قىلىش ۋە ئىنتىقام ئېلىشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى پېئىل ئۈچۈن يىلتىزى بىر سۆز ئىشلىتىلدى، بولمىسا، ئىنتىقام ئېلىش زۇلۇم قىلىشقا ئەسلا كىرمەيدۇ.

④ يەنى مانا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا قادىر ئاللاھ زۇلۇمغا ئۇچرىغان بەندىلىرى ئۈچۈن زالىملاردىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشكە ھەم قادىردۇر.

⑤ چۈنكى ئۇنىڭ دىنى ھەقتۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ھەقتۇر، ئۇنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇنىڭ ئۆز دوستلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى مەدەت بېرىدىغانلىقىمۇ ھەقتۇر، ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ زاتى، سۈپەتلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى ھەقتۇر.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَتُصْبِحُ ٱلْأَرْضُ مُخْضَرَّةً ۗ إِنَّ
ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ ﴿٦٣﴾ لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ
لَهُوَ ٱلْغَنِىُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿٦٤﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ
وَٱلْفُلْكَ تَجْرِى فِى ٱلْبَحْرِ بِأَمْرِهِۦ وَيُمْسِكُ ٱلسَّمَآءَ أَن تَقَعَ عَلَى
ٱلْأَرْضِ إِلَّا بِإِذْنِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٦٥﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ
أَحْيَاكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ۗ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَكَفُورٌ ﴿٦٦﴾

***كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ئاسماندىن سۇ چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن زېمىن يايپېشىل بولۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر① [63]. ئاسمانلاردىكى ۋە***

***زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، (ھەمدۇسانا ۋە) مەدھىيەگە لايىقتۇر② [64]. ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئەمرى بويىچە دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى③، ئاسمان (جىسىملىرى) نى ئۆزىنىڭ ئىزنى بولماستىن زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟④ ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر⑤ [65]. ئاللاھ شۇنداق زاتكى، سىلەرگە ھاياتلىق بەردى، ئاندىن كېيىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) بەكمۇ تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر⑥ [66].***

① ﴿لَطِيفٌ﴾ "نازۇك" دېگەن مەنىدە، يەنى ئۇنىڭ ئىلمى ھەربىر چوڭ-كىچىك نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ يەنى ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ناھايىتى مۇلايىم، كەرەملىك زات دېمەكتۇر يەنى بەندىلەرگە رىزىق بېرىشتە ئىنتايىن مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ﴿خَبِيرٌ﴾ بەندىلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىكى پىلان-تەدبىر، مەنپەئەت ۋە زىيانىدىن خەۋەرداردۇر. يەنە بىر مەنىسى، ئۇلارنىڭ مۇھىم ھاجەت ۋە ئېھتىياجلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

② ھەممە مەۋجۇدات يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەنمۇ، مۈلۈك ئېتىبارى بىلەنمۇ ھەم ئۇلارنى تەسەررۇپ قىلىش ئېتىبارى بىلەنمۇ ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. چۈنكى ھەممە مەخلۇقات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئەمما ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، چۈنكى ئۇ بايدۇر، ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. ئۇنىڭ زاتى بارلىق كامالەت، ئىختىيار ۋە ئىقتىدارنىڭ مەنبەسىدۇر، ئۇ ئۆزى ھەر ھالەتتە مەدھىيىلەشكە لايىق زاتتۇر.

③ مەسىلەن: ھايۋانلار، دەريالار، دەل-دەرەخلەر، زىرائەتلەردىن ئىبارەت ئىنسانلار مەنپەئەتلىنىدىغان چەكسىز نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

④ يەنى ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئاسمان زېمىن ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىپ، زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەرنى ھالاك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئاسمانمۇ پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ.

⑤ ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىق ۋە مېھرىبان زات بولغاچقا، مەزكۇر نەرسىلەرنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئاسماننىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىدى. «بويسۇندۇرۇپ بەردى» دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى ياكى پايدىلىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى.

⑥ ئۇمۇمەن ئىنسانلار شۇنداق بولىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ تۇزكور بولمىغانلىقى بۇ سۆزگە زىت كەلمەيدۇ، چۈنكى كۆپ ساندىكى ئىنسانلاردا كۇفۇرلۇق، ناشۇكۇرلۇك، تۇزكورلۇق، ئىنكارچىلىق تېپىلىدۇ.

لِّكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنسَكًا هُمْ نَاسِكُوهُ ۖ فَلَا يُنَازِعُنَّكَ فِي ٱلْأَمْرِ ۚ وَٱدْعُ إِلَىٰ رَبِّكَ ۖ إِنَّكَ لَعَلَىٰ هُدًى مُّسْتَقِيمٍ ﴿٦٧﴾ وَإِن جَٰدَلُوكَ فَقُلِ ٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿٦٨﴾ ٱللَّهُ يَحْكُمُ بَيْنَكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ فِيمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿٦٩﴾ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ ۗ إِنَّ ذَٰلِكَ فِي كِتَٰبٍ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿٧٠﴾

***ھەر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەت بېكىتتۇق①، ئۇلار شۇ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار شەرىئەت ئىشىدا سەن بىلەن جېدەللەشمىسۇن②، (كىشىلەرنى) رەببىڭنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن توپتوغرا يولدىسەن③ [67]. ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن جېدەللەشسە، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ [68]. ئاللاھ قىيامەت كۈنى سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ»④ [69]. (ئى پەيغەمبەر!) بىلمەمسەنكى، ئاللاھ ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، شەكسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا (يېزىلغاندۇر)، بۇ (يەنى بۇلارنى بىلىش) ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاساندۇر⑤ [70].***

① يەنى بىز ھەر دەۋردە كىشىلەرگە بىر شەرىئەت بەلگىلىدۇق، ئۇ شەرىئەت بەزى مەسىلىلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە، ئىنجىل ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە شەرىئەت قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. ھازىر قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە يەنى پۈتۈن دۇنيا ئەھلىگە بېرىلگەن شەرىئەت ۋە ھايات نىزامىدۇر.

② يەنى ئاللاھ ساڭا ئاتا قىلغان دىن ۋە شەرىئەتمۇ مەزكۇر ئاساسىي پرىنسىپقا مۇۋاپىقتۇر. شۇڭا، ئىلگىرىكى شەرىئەت يولىدىكىلەر بۇ ھەقتە سەن بىلەن دەتالاش قىلماستىن، ئەمدى سېنىڭ شەرىئىتىڭگە ئىمان كەلتۈرۈشى لازىمدۇر.

③ يەنى سەن ئۇلارنىڭ جېدەل ۋە دەتالاشلىرىغا پەرۋا قىلمىغىن، بەلكى ئۇلارنى پەرۋەردىگارى تەرەپكە دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن. چۈنكى ھازىر پەقەت سەنلا " صِرَاطٍ مُسْتَقِيْمٍ" ئۈستىدە، ھەقىقىي توغرا يولدىسەن، يەنى ئىلگىرىكى شەرىئەتلەر ئەمەلدىن قالدى.

④ دەلىل-پاكىتلارنى بايان قىلغاندىن كېيىنمۇ بۇلار جېدەللىشىش ۋە دەتالاشتىن ۋاز كەچمىسە، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇ كۈندە ھەق قايسى؟ باتىل قايسى؟ ھەممىسى ئايان بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ شۇنىڭغا ئاساسەن ھەممىگە جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ.

⑤ بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى يەنى ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئۇلار بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن بىلەتتى. بەندىلەر ئىچىدە كىملەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياخشى يولنى تاللايدىغانلىقى ۋە كىملەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن يامان يولنى تاللايدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. شۇڭا ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلمىگە ئاساسەن ھەممە نەرسىلەرنى لەۋھۇلمەھپۇزغا بۇرۇنلا يېزىپ قويىدى. گەرچە بۇ ئىشلار كىشىلەرگە ناھايىتى مۇشكۇلدەك كۆرۈنسىمۇ، ئاللاھ ئۈچۈن ناھايىتى ئاساندۇر. مانا بۇ ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغان تەقدىر ئەقىدىسىدۇر. بۇ مەسىلە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتنىڭ تەقدىرىنى ئاسمان ۋە زېمىنلارنى يارىتىشتىن ئەللىك مىڭ يىل بۇرۇن

يازغـان، (ئـۇ چاغـدا) ئالـلاھ تائالانـىڭ ئەرشـى سـۇنىڭ ئۈسـتىدە ئـىدى». (سـەھىھ مۇسـلىم 2653-ھەدىـس) يەنـە ھەدىـس كىتابلىرىـدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسـالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكـى رىۋايـەت قىلىنىـدۇ: «ئالـلاھ تائـالا تۇنجـى بولـۇپ قەلەمنـى ياراتتـى، ئالـلاھ تائـالا قەلەمگـە: يـاز، دېـدى. قەلـەم: نېمىنـى يازىمـەن؟ دېـدى. ئالـلاھ تائـالا: (بۇنىڭدىـن كېيىـن) بولماقچـى بولغـان بارلـىق نەرسـىلەرنى يازغـىن، دېـدى. شـۇنىڭ بىلـەن قەلـەم تاكـى قىيامەتكىچـە بولماقچـى بولغـان ئىشـلارنىڭ ھەممىسـىنى يـازدى». (سـۇنەنى ئەبـى داۋۇد 4700-ھەدىـس، سـۇنەنى تىرمـىزى 3319-ھەدىـس، مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 317-بەت).

وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗا وَمَا لَيۡسَ لَهُم بِهِۦ عِلۡمٞۗ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِن نَّصِيرٖ ﴿٧١﴾ وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٖ تَعۡرِفُ فِي وُجُوهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلۡمُنكَرَۖ يَكَادُونَ يَسۡطُونَ بِٱلَّذِينَ يَتۡلُونَ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِنَاۗ قُلۡ أَفَأُنَبِّئُكُم بِشَرّٖ مِّن ذَٰلِكُمُۚ ٱلنَّارُ وَعَدَهَا ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٧٢﴾

***ئـۇلار ئاللاھنـى قويـۇپ، (مەبۇدلىقـى ھەققـىدە) ئالـلاھ ھېچقانـداق دەلىـل چۈشـۈرمىگەن نەرسـىلەرگە ۋە ئۆزلـىرى ھەقىقىتىنـى بىلمەيدىغان نەرسـىلەرگە چوقۇنـىدۇ①، زالىملارغـا ھېچقانـداق مەدەتـكار يوقتـۇر [71]. ئۇلارغـا بىزنىـڭ روشـەن ئايەتلىرىمـىز ئوقـۇپ بېرىلسـە، كاپىـر بولغانلارنىـڭ چىرايلىرىـدا (قوشۇمىسـى تۈرۈلگەنلىكتىـن) ئىنـكار قىلغانلىـق ئالامەتلىرىنـى كۆرىسـەن، ئـۇلار بىزنىـڭ ئايەتلىرىمىزنـى ئوقـۇپ بەرگۈچىلەرگـە ھۇجـۇم قىلغىلـى تـاس قالـىدۇ②. ئېيتقىنكـى، «مـەن سـىلەرگە بۇنىڭدىنمـۇ يامانراقنـى ئېيتـىپ بېرەيمـۇ؟ ئـۇ بولسـىمۇ دوزاختـۇر. ئالـلاھ ئۇنـى كاپىرلارغـا ۋەدە قىلـدى③، ئـۇلار قايتىپ بارىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!» [72].***

① يەنـى ئـۇلاردا قايسـىبىر سـاماۋى كىتابتـىن كۆرسـىتىدىغان نـە نەقلـي دەلـىل يـوق، نـە ئاللاھتـىن غەيرىيگـە ئىبادەت قىلىشـنى ئىسـپاتلايدىغان

ئەقلىي دەلىل يوق.

② يەنى قوللىرى بىلەن ئۇرغىلى ۋە تىللىرى بىلەن ئازار بەرگىلى تاسلا قالىدۇ، مۇشرىكلار ۋە گۇمراھلار ئاللاھنىڭ بىرلىكى، پەيغەمبەرنىڭ ھەقلىقى ۋە ئاخىرەت ھەققىدىكى پاكىتلارنى ئاڭلاشقا چىداپ تۇرالمايدۇ، ئۇلارنىڭ نارازىلىقى چىرايىدىن، بەزىدە قوللىرى ۋە سۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال بۈگۈنكى بىدئەتچى ۋە گۇمراھ پىرقىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقى قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللەر بىلەن بايان قىلىپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بۇ ئايەتتىكى مۇشرىكلارنىڭ پوزىتسىيىسىگە ئوخشاش بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى ھازىر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ، پەقەت چىرايىڭلار ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ، بىر ۋاقىت كېلىدۇ، ئەگەر سىلەر بۇنداق پوزىتسىيەدىن تەۋبە قىلمىساڭلار، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق بىر ھالەتكە دۇچار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ جەھەننەمنىڭ ئوتىدا كۆيۈشتۇر، ئاللاھ ئۇنى كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارغا ۋەدە قىلدى.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَٱسْتَمِعُواْ لَهُۥٓۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَن يَخْلُقُواْ ذُبَابًا وَلَوِ ٱجْتَمَعُواْ لَهُۥۖ وَإِن يَسْلُبْهُمُ ٱلذُّبَابُ شَيْـًٔا لَّا يَسْتَنقِذُوهُ مِنْهُۚ ضَعُفَ ٱلطَّالِبُ وَٱلْمَطْلُوبُ ﴿٧٣﴾ مَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِىٌّ عَزِيزٌ ﴿٧٤﴾

***ئى ئىنسانلار! (سىلەرگە) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار (ھەممىسى) يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ① (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)، چىۋىن ئۇلاردىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇلار ئۇنى چىۋىندىن تارتىۋالالمايدۇ② . (دېمەك) چوقۇنغۇچىمۇ ۋە چوقۇنۇلغۇچىمۇ ئاجىزدۇر③ [73]. ئۇلار ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى④ ، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [74].***

① يەنى سىلەر ئاللاھنى قويۇپ، بىزگە مەدەت بېرىدۇ دەپ چاقىرىۋاتقان باتىل مەبۇدلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ، ئىنتايىن ئاجىز ۋە كىچىك بىر مەخلۇق بولغان چىۋىننى ياراتماقچى بولسىمۇ، يارىتالمايدۇ. شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلارنى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلغىنىڭلار ئەقىلدىن ئازغانلىقتۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاللاھتىن باشقا ئۇلار چوقۇنغان نەرسىلەر پەقەت جانسىز بۇتلارلا ئەمەس ئىدى (بۇگۈنكى قەبرىگە چوقۇنغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرىنى كىشىلەرگە توغرا قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن باھانە قىلغاندەك) بەلكى ئۇلار ئەقىل ۋە ھېسسىياتقا ئىگە ئادەملەر ئىدى يەنى ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى ئىدى، ئۇ سالىھ بەندىلەر ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالدى ۋە ھەيكەللىرىنى ياسىۋالدى، شۇڭا ئاللاھ تائالا: «شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار (ھەممىسى) يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ»، دېدى. دېمەك ئەگەر ئۇلار پەقەت تاشتىن ياسالغان بۇتلار بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇنداق جەڭ ئېلان قىلمىغان بولاتتى.

② بۇ ئايەتتە بۇتلارنىڭ تېخىمۇ چارىسىز ۋە يارامسىزلىقى بايان قىلىندى. ئۇلار بىردانە چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ، ھەتتا ئاجىزلىقىدىن چىۋىن ئۇلاردىن ئېلىپ قاچقان نەرسىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىشقىمۇ يارىمايدۇ.

③ ﴿الطَّالِبُ﴾ دېگەندىن باتىل مەبۇد، ﴿الْمَطْلُوبُ﴾ دېگەندىن چىۋىن، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ﴿الطَّالِبُ﴾ دېگەندىن چوقۇنغۇچى، ﴿الْمَطْلُوبُ﴾ دېگەندىن چوقۇنۇلغۇچى مەبۇد كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك ئۇ باتىل مەبۇدلار ناھايىتى ئاجىز ۋە يارامسىزدۇر. ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالا دېدىكى، مەن ياراتقاندەك بىر نەرسە ياراتماقچى بولغان كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ (ئەگەر ئۇ بىر نەرسە يارىتالايدىغان بولسا) بىر تال تېرىق ياكى بىر تال چىۋىن ياكى بىر تال دان يارىتىپ باقسۇن!» (سەھىھۇل بۇخارى 5953-ھەدىس)

④ شۇ ۋەجىدىن كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئاجىز مەخلۇقىنى ئۇنىڭ سىردىشى ۋە شېرىكى قىلىۋېلىشتى يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى، ئۇلۇغلىقىنى، كاتتىلىقىنى، چەكسىز قۇدرەت ساھىبى ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بۈيۈكلىكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە بىلگەن ۋە تونۇغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىغا ھېچكىمنى شېرىك قىلىۋالمىغان بولاتتى.

ٱللَّهُ يَصۡطَفِي مِنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلٗا وَمِنَ ٱلنَّاسِۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ
بَصِيرٞ ﴿٧٥﴾ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ
ٱلۡأُمُورُ ﴿٧٦﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱرۡكَعُواْ وَٱسۡجُدُواْۤ وَٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمۡ
وَٱفۡعَلُواْ ٱلۡخَيۡرَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ۩ ﴿٧٧﴾

***ئاللاھ پەرىشتىلەردىنمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيي يەتكۈزۈش ئۈچۈن)، ئىنسانلاردىنمۇ (شەرىئەتنى بەندىلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن) ئەلچىلەرنى تاللايدۇ①، شەكسىزكى، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر② [75]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنىمۇ ۋە ئارقىسىدىكىنىمۇ (يەنى ھازىرقى ئەھۋالىنىمۇ ۋە كەلگۈسىدىكى ئەھۋالىنىمۇ) بىلىپ تۇرىدۇ. (بارلىق) ئىشلار ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ (ئاللاھ ئۇلارغا يا مۇكاپات، يا جازا بېرىدۇ)③ [76]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! نىجاتلىققا ئېرىششىڭلار ئۈچۈن④ رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار ⑤ [77].***

① ﴿رُسُلًا﴾ " رَسُولٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، (ئەلچى، ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر) دېگەن مەنىدە. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەردىنمۇ پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلچىلەرنى تاللىدى. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي يەتكۈزۈشكە تاللىدى، ئۇ ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي چۈشۈردى، ھەمدە ئۇنى قەۋملەرگە ئازاب ئېلىپ چۈشۈشكىمۇ ئەۋەتتى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلاردىنمۇ ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ئەلچىلىككە تاللىدى ۋە ئۇلارنى ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاشقا مەسئۇل قىلدى. ئۇ ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى ئىدى. ئەمما نېمە ئۈچۈن تاللىدى؟ ئىلاھلىققا شېرىك قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ ياق، بەلكى پەقەت ئۆزىنىڭ ئەمرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاللىدى. ئەپسۇسكى بەزى كىشىلەر بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئاللاھنىڭ شېرىكى دەپ دەۋا قىلدى.

② ئۇ بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ﴿بَصِيرٌ﴾ يەنى ئەلچىلىككە كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن. ﴿ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭغا لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾. (سۈرە ئەنئام 124 ـ ئايەت)

③ بارلىق ئىشلار ئاخىرى ئاللاھقا قايتىدىغان تۇرسا، ئىنسان ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، نەگە بارالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئازابىدىن قېچىپ كېتەلەمدۇ؟ ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىنى تاللاپ، رىزالىقىغا ئېرىشىش ئەڭ ياخشى تاللاش ئەمەسمۇ؟ تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇ يولنىڭ مۇھىم ئەمەللىرى بايان قىلىنىدۇ.

④ «نىجاتلىق» يەنى مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختكە ئېرىشىش ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا يەنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىدۇر. بەزىلەر چۈشۈنۈۋالغاندەك، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىپ، پەقەت ماددىي لازىمەتلىك ۋە تىرىكچىلىك ۋاستىلىرىنى توپلاپ، كۆپەيتىشتە ئەمەس.

⑤ يەنى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن نامازغا ئەھمىيەت بېرىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبادەتكە ئەمر قىلىندى، ئىبادەتكە نامازمۇ كىرەتتى، لېكىن بۇ يەردە نامازنىڭ ئەھمىيىتى زور ۋە پەزىلىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايرىم كەلتۈرۈلدى.

وَجَٰهِدُواْ فِي ٱللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِۦۚ هُوَ ٱجۡتَبَىٰكُمۡ وَمَا جَعَلَ عَلَيۡكُمۡ
فِي ٱلدِّينِ مِنۡ حَرَجٖۚ مِّلَّةَ أَبِيكُمۡ إِبۡرَٰهِيمَۚ هُوَ سَمَّىٰكُمُ ٱلۡمُسۡلِمِينَ
مِن قَبۡلُ وَفِي هَٰذَا لِيَكُونَ ٱلرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيۡكُمۡ وَتَكُونُواْ
شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِۚ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱعۡتَصِمُواْ
بِٱللَّهِ هُوَ مَوۡلَىٰكُمۡۖ فَنِعۡمَ ٱلۡمَوۡلَىٰ وَنِعۡمَ ٱلنَّصِيرُ ۝٧٨

***ئاللاھنىڭ يولىدا لايىق رەۋىشتە (خالىس نىيەت بىلەن) جىھاد قىلىڭلار①، ئاللاھ (بۇ ئەمەلگە) سىلەرنى تاللىدى. (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى) دىندا سىلەرگە***

***ھېچقانداق قىيىنچىلىق قىلمىدى②. (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم تۇتۇڭلار)③، پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشى ۋە سىلەرنىڭ كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار④ ئۈچۈن، ئۇ⑤ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇنىڭدىمۇ (يەنى قۇرئاندىمۇ) شۇنداق دەپ ئاتىدى. شۇڭا، سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا چىن دىلىڭلار بىلەن باغلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلەردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار! [78].***

① بۇ ئايەتتىكى جىھادتىن بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارغا قارشى ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادىي ئەكبەر مەقسەت قىلىنىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئەمرىنى جان-دىل بىلەن ئادا قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ يولدىمۇ ئىنسان ئۆز نەپسىگە ۋە شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن ھەقنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش، باتىلنى مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر قانداق بىر ھەرىكەت ۋە تىرىشچانلىق مەقسەت قىلىنىدۇ، دەيدۇ.

② يەنى ئاللاھ سىلەرنى كۈچى يەتمەيدىغان مۇشەققەتلىك ئىشقا بۇيرىمىدى. (بولمىسا، ھەر قانداق ئىشتا ئازدۇر-كۆپتۇر مۇشەققەت تارتماي بولمايدۇ) ھەتتا ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردىكى بەزى ئېغىر ئەھكاملارنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردە بولمىغان كۆپ ئاسانلىقلارنى مۇسۇلمانلارغا بەردى.

③ ئەرەبلەر ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ بوۋىسى ئىدى، باشقا ئەرەب ئەمەس قەۋملەرمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغ بىر بۇزرۇك دەپ تونۇيتتى ۋە خۇددى بالا ئاتىسىنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيتتى، چۈنكى ئۇ بارلىق كىشىلەرنىڭ ئاتىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭمۇ (ئەرەب بولغانلىقى ئۈچۈن) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسى ئىدى، شۇ ۋەجىدىن پۈتۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنىڭمۇ ئاتىسى بولىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتتە دېيىلدىكى، ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن

تاللىغان بۇ ئىسلام دىنى ئاتاڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدۇر، ئۇنىڭغىلا ئەگىشىڭلار.

④ ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك بۇ «گۇۋاھ بولۇش» قىيامەت كۈنى بولىدۇ. (تەپسىلاتى ئۈچۈن سۈرە بەقەرە 143-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن).

⑤ ﴿هُوَ﴾ " ئۇ " دېگەن ئالماش بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ نەزىرىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ نامىڭلارنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىغان ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ يەنى «ئاللاھ سىلەرنىڭ نامىڭلارنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىغان ئىدى».

# سۈرە مۇئمىنۇن

| (23) سورة المؤمنون مكية 118 آية | (23) سۈرە مۇئمىنۇن مەككىدە چۈشكەن 118 ئايەت |
| --- | --- |

18

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قَدْ أَفْلَحَ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ فِى صَلَاتِهِمْ خَٰشِعُونَ ﴿٢﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ عَنِ ٱللَّغْوِ مُعْرِضُونَ ﴿٣﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَوٰةِ فَٰعِلُونَ ﴿٤﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَٰفِظُونَ ﴿٥﴾

***مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (بەختكە ئېرىشىپ) مۇرادىغا يەتتى① [1]. ئۇلار (شۇنداق مۇئمىنلەركى) نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر② [2]. ئۇلار بىھۇدە سۆز - ھەرىكەتتىن يىراق تۇرغۇچىلاردۇر③ [3]. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر④ [4]. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر [5].***

① «فَلَّاحُ» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى يارماق، پارچىلىماق، دېھقانمۇ «فَلَّاحُ» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ زېمىننى يېرىپ ئۇنىڭغا ئۇرۇغ سالىدۇ. مۇشكۇل ئۆتكەللەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، مۇراد-مەقسىتىگە يەتكەن كىشى «مُفْلِحُ» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا غەلىبىنىڭ يوللىرى ئېچىلغان، توسۇلۇپ قالمىغان بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن «مُفْلِحُ»

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى، بەختكە ئېرىشكۈچى، مۇرادىغا يەتكۈچى دېگەن بولىدۇ. شەرىئەتنىڭ نەزىرىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە بەختكە ئېرىشكەن كىشى شۇكى، دۇنيادا ياشاش جەريانىدا رەببىنى رازى قىلىۋالغان، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاخىرەتتە ئالالھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە لايىق بولغان ئادەمدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم دۇنيادىمۇ بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشىغان بولسا، بۇ چوڭ نېمەتتۇر. ئۇنداق بولمىغان بولسا، ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادەتتۇر. يەنى ئاخىرەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە دۇنيا ئەھلى دۇنيادا راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلەرنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە مۇرادىغا يەتكەنلەر دەپ قارايدۇ. بۇ ئايەت تۆۋەندىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن مۇئمىنلەرنى مۇرادىغا يەتكەنلەر دەپ بېشارەت بېرىدۇ.

② «خُشُوْعُ» «ئەيمىنىپ تۇرۇش» دېگەن بۇ يەردە دىل بىلەن ئەزالارنىڭ بىردەك ماسلىشىپ نامازغا بېرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. دىلى بىلەن بېرىلىش شۇكى، ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، دىلنى ئوي ـ خىيال ۋە ھەر خىل ۋەسۋەسىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش، ئالالھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلىكىنى دىلغا يەرلەشتۈرۈشكە تىرىشىش. ئەزالار بىلەن بېرىلىش شۇكى، نامازدا ئۇيان ـ بۇيانغا قارىماسلىق، بىر نەرسە ئوينىماسلىق، چاچ ۋە كىيىملەرنى تۈزەشتۈرمەسلىك، خۇددى پادىشاھنىڭ ياكى بۈيۈك بىر شەخسنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك، ئەيمىنىش ئىچىدە، ئاجىزلىقنى ئىزھار قىلغان ھالدا تۇرۇش.

③ ﴿اللَّغْوِ﴾ ھېچ پايدىسى يوق ھەر قانداق سۆز ۋە ھەرىكەت ياكى كىشىنىڭ دىنى ياكى دۇنياسىغا زىيان كەلتۈرىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەت دېگەن مەنىدە. ئۇنداق نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش دېگەن ئۇلارنى قىلماسلىق ياكى قوغلاشماسلىق ھەتتا نەزىرىنىمۇ سالماسلىق دېمەكتۇر.

④ بۇ يەردىكى «زاكات» تىن بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، پەرز زاكات مەقسەت قىلىنىدۇ. (گەرچە زاكات كېلىدىغان ئۆلچەم ۋە بېرىلىدىغان مىقدار قاتارلىق تەپسىلىي ئەھكاملار مەدىنىدە چۈشكەن بولسىمۇ)، مەككىدىكى ۋاقىتتىلا زاكات پەرز قىلىنىپ بولغان ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتىكى «زاكات» نەپسىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن پاكلايدىغان ۋە ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

إِلَّا عَلَىٰٓ أَزْوَٰجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ﴿٦﴾
فَمَنِ ٱبْتَغَىٰ وَرَآءَ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْعَادُونَ ﴿٧﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ
لِأَمَٰنَٰتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَٰعُونَ ﴿٨﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَوَٰتِهِمْ
يُحَافِظُونَ ﴿٩﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْوَٰرِثُونَ ﴿١٠﴾ ٱلَّذِينَ يَرِثُونَ ٱلْفِرْدَوْسَ
هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١١﴾ وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ مِن سُلَٰلَةٍ مِّن
طِينٍ ﴿١٢﴾

***پەقەت ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك) ئۇلارغا مالامەت قىلىنمايدۇ [6]. كىمكى بۇلارنىڭ باشقىسىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) ئىزدەيدىكەن، ئەنە شۇلار (ئاللاھ بەلگىلىگەن) چەكتىن ئاشقۇچىلاردۇر① [7]. ئۇ مۇئمىنلەر يەنە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر② [8]. ئۇلار نامازلىرىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىلاردۇر③ [9]. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە مۇئمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتكە) ۋارىس بولغۇچىلاردۇر [10]. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، شۇ فىردەۋستە مەڭگۈ تۇرىدۇ④ [11]. بىز (تۇنجى) ئىنسان (ئادەم) نى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق⑤ [12].***

① بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ۋاقىتلىق نىكاھ ئىسلامدا قەتئىي جايىز ئەمەستۇر. جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرىدىغان پەقەت ئىككىلا جايىز يول بار: بىرى ئايالى بىلەن؛ يەنە بىرى چۆرىسى بىلەن. ھازىرقى دەۋردە پەقەت ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشلا قالدى. چۈنكى، شەرىئەتتە كۆرسەتكەن چۆرە ھازىرقى دەۋردە مەۋجۇت ئەمەس. زامان ئۆزگىرىپ يەنە قۇللۇق دەۋرى كېلىپ قالسا، چۆرە بىلەن بىر يەردە بولۇش جايىز بولىدۇ.

② ﴿أَمَٰنَٰتِ﴾ دېگەندىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىش، ئامانەت قويۇلغان گەپ-سۆز ۋە پۇل-مالنى ساقلاش ۋە قوغداش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە ئەھدىگە ۋاپا قىلىشمۇ ئامانەتنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ

بىلەن قىلىنغان ئەھدە-مىساق، ئەلمىساق ئەھدىسى ۋە بەندىلەر بىلەن قىلغان ئەھدە-كېلىشىملەرمۇ كىرىدۇ.

③ ئاخىرىدا يەنە نامازلارنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن زۆرۈر دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن نامازنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پەزىلىتى نامايەن بولىدۇ.

④ مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە مۇئمىنلەرلا بەختكە ئېرىشىدۇ، مۇرادىغا يېتىدۇ، فىردەۋس جەننىتىگە ۋارىس يەنى ھەقلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاللاھ تائالادىن جەننەت سورىساڭلار، فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار. چۈنكى، فىردەۋس جەننىتى جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى ۋە ئېسىلىدۇر. جەننەتلەرنىڭ ئۆستەڭلىرى ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشى باردۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 7423-ھەدىس)

⑤ «لايىنىڭ جەۋھىرىدىن» يەنى تۇپراقتىن يارىتىلغان دېمەكتۇر. ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئىنسان يەيدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى تۇپراقتىن كەلگەن، بۇنىڭغا ئاساسەن ئىنساننىڭ يارىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان مەنىينىڭ ئەسلي مەنبەسىمۇ تۇپراقتىن كەلگەن.

ثُمَّ جَعَلۡنَٰهُ نُطۡفَةٗ فِي قَرَارٖ مَّكِينٖ ١٣ ثُمَّ خَلَقۡنَا ٱلنُّطۡفَةَ عَلَقَةٗ فَخَلَقۡنَا ٱلۡعَلَقَةَ مُضۡغَةٗ فَخَلَقۡنَا ٱلۡمُضۡغَةَ عِظَٰمٗا فَكَسَوۡنَا ٱلۡعِظَٰمَ لَحۡمٗا ثُمَّ أَنشَأۡنَٰهُ خَلۡقًا ءَاخَرَۚ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ أَحۡسَنُ ٱلۡخَٰلِقِينَ ١٤ ثُمَّ إِنَّكُم بَعۡدَ ذَٰلِكَ لَمَيِّتُونَ ١٥ ثُمَّ إِنَّكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ تُبۡعَثُونَ ١٦ وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا فَوۡقَكُمۡ سَبۡعَ طَرَآئِقَ وَمَا كُنَّا عَنِ ٱلۡخَلۡقِ غَٰفِلِينَ ١٧

***ئاندىن ئۇنى (يەنى ئادەم نەسلىنى) ئابمەنىي قىلىپ بىر پۇختا قارارگاھتا (يەنى بالىياتقۇدا) جايلاشتۇردۇق① [13]. ئاندىن ئابمەنىينى (بالىياتقۇغا ئېسىلغان) لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق،***

***ئاندىن لەختە قاننى بىر پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن بۇ بىر پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق② ، ئاندىن ئۇنى باشقىچە بىر (مۇكەممەل شەكىلگە كىرگەن) ئىنسانغا ئايلاندۇردۇق③ ، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلۇغدۇر④ [14]. ئاندىن شەكسىزكى سىلەر ئاشۇ (باسقۇچلاردىن) كېيىن چوقۇم ئۆلىسىلەر [15]. ئاندىن سىلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر [16]. بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قات ئاسماننى ياراتتۇق⑤ ، بىز (ھېچبىر) مەخلۇقاتتىن خەۋەرسىز ئەمەسمىز⑥ [17].***

① «پۇختا قارارگاھ» دېگەندىن ئانىنىڭ رەھىمى-بالىياتقۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ يەردە تۆرەلمە توققۇز ئاي بىخەتەر ياتىدۇ ۋە پەرۋىش تاپىدۇ.

② بۇ نۇقتا سۈرە ھەجنىڭ بېشىدا قىسقىچە بايان قىلىنغان ئىدى، بۇ يەردە تەپسىلاتى بايان قىلىنىدى. سۈرە ھەجدىكى ﴿مُخَلَّقَةٍ﴾ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن تۆرەلمە بۇ يەردە ئىزاھلىنىپ، ﴿مُضْغَةً﴾ شەكىلگە كىرگۈزۈلمىگەن بىر پارچە گۆشنىڭ سۆڭەككە ئايلاندۇرۇلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدى. ﴿مُضْغَةً﴾ گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇرۇشنىڭ مەنىسى، ئىنساننىڭ جىسمىنى پۇختا ئاساس ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەگەر جىسىم پەقەت گۆشتىنلا تەركىب تاپقان بولسا، گۆشتە ئېغىرلىقنى كۆتۈرگىدەك ئۇ قەدەر قاتتىقلىق ۋە چىدامچانلىق بولمايتتى، ئەگەر جىسىم پەقەت سۆڭەكلەردىن تەركىب تاپقان بولسا، ئىنساندا ھۆسنى-جامال ۋە گۈزەللىك بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆڭەكلەرگە مۇناسىپ مىقدار ۋە ھەجىمدە بەزى جايغا كۆپ، بەزى جايغا ئاز گۆش كەيدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ قەددى-قامىتى ئۆلچەملىك ۋە مۇۋازىنەتلىك بىر شەكىلگە كىرىپ، ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدىغان ھۆسنى-جامالغا ئىگە كېلىشكەن بىر ئىنسان شەكلى ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ نۇقتا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدى: ﴿بىز ئىنساننى شەك - شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق﴾. (سۈرە تىين 4-ئايەت)يەنى بىز ئىنساننى ئەڭ ياخشى تەركىبلەر بىلەن ياراتتۇق ياكى قەددى-قامىتىنى ئەڭ گۈزەل قىلىپ ياراتتۇق.

③ بۇ توققۇز ئايدىن كېيىن ئالاھىدە بىر سۈرەت ۋە شەكىلگە كىرىپ

ئانىنىڭ قورسىقىدىن چىقىدىغان بوۋاقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا ئاڭلاش، كۆرۈش، بىلىش، ئەقىل-ئىدراك ۋە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىمۇ بار بولىدۇ.

④ ﴿الْخَٰلِقِينَ﴾ بۇ يەردە شەيئىلەرنى مەلۇم مىقداردا بىر-بىرىگە قوشۇش ئارقىلىق بىر نەرسە ياساپ چىققۇچى ماھىرلار دېگەن مەنىدە، يەنى بارلىق ئۇستا ماھىرلار ئىچىدە ئاللاھ ياراتقان ئىنسانغا ئوخشاش گۈزەل بىر مەخلۇقنى ياسىيالايدىغان ئۇستا بارمۇ؟ ھەممىدىن ئۇلۇغ، بەرىكەت ساھىبى بولغان ئاللاھ بار. ئۇ بارلىق ئىنژېنېرلاردىن ئۇستا، بارلىق سەنئەتكار ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن ماھىردۇر.

⑤ ﴿طَرَآئِقَ﴾ «طَرِيْقَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاسمان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەرەبلەر بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدىكى ھەرقانداق نەرسىنىمۇ «طَرِيْقَةٌ» دەپ ئاتايدۇ. ئاسمانمۇ ھەممىنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ﴿طَرَآئِقَ﴾ دەپ ئاتىلغان. ياكى «طَرِيْقَةٌ «يول مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئاسمان پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈش ۋە ئۆرلەشتە ئۆتىدىغان يولى ياكى يۇلتۇزلارنىڭ سەيرىگاھى بولغانلىقى ئۈچۈن ﴿طَرَآئِقَ﴾ دەپ ئاتالغان بولىدۇ.

⑥ ﴿الْخَلْقِ﴾ دېگەندىن مەخلۇقات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئاسمانلارنى يارىتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، زېمىندىكى مەخلۇقاتتىن بىخەۋەر بولۇپ قالغىنىمىز يوق، بەلكى زېمىندىكى مەخلۇقات ھالاك بولمىسۇن دەپ ئاسمانىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىدۇق. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، بىز مەخلۇقلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىدىن غاپىل (خەۋەرسىز) بولۇپ قالغىنىمىز يوق. بەلكى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى بىز ئورۇنلاشتۇرىمىز. (فەتھۇلقەدىر) بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق ئىزاھلىدى: ئاللاھ تائالا زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان، زېمىندىن چىقىدىغان، ئاسماندىن چۈشىدىغان ۋە ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان بارلىق نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. سىلەر قەيەردە بولماڭلار، ئاللاھ تائالا ئۆز ئىلمى بىلەن سىلەر بىلەن بىللىدۇر، قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَأَنزَلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءًۢ بِقَدَرٍ فَأَسْكَنَّٰهُ فِى ٱلْأَرْضِ ۖ وَإِنَّا عَلَىٰ ذَهَابٍۭ
بِهِۦ لَقَٰدِرُونَ ﴿١٨﴾ فَأَنشَأْنَا لَكُم بِهِۦ جَنَّٰتٍ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَٰبٍ

لَّكُمْ فِيهَا فَوَٰكِهُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ ﴿١٩﴾ وَشَجَرَةً تَخْرُجُ مِن
طُورِ سَيْنَآءَ تَنۢبُتُ بِٱلدُّهْنِ وَصِبْغٍ لِّلْـَٔاكِلِينَ ﴿٢٠﴾

***بىز ئاسماندىن ئۆلچەملىك مىقداردا سۇ چۈشۈردۇق①، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق②، ئۇنى يوق قىلىۋېتىشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىرمىز③ [18]. شۇ سۇ بىلەن سىلەرگە خورما باغلىرى ۋە ئۈزۈم باغلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق، سىلەر ئۈچۈن ئۇ باغلاردا نۇرغۇن مېۋىلەر بار، سىلەر ئۇلاردىن يەيسىلەر④ [19]. يەنە (شۇ سۇ بىلەن) بىر تۈرلۈك دەرەخنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق، ئۇ دەرەخ تۇرسىنا تېغىدىن چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن يېگۈچىلەر ئۈچۈن مايلىق (مېۋە) ۋە (نانغا مىلەپ يەيدىغان) ئوزۇق ئۆسۈپ چىقىدۇ⑤ [20].***

① يەنى سۇنى ۋەيرانچىلىق كەلتۈرگىدەك دەرىجىدە جىق ياكى زىرائەتلەرگە ۋە باشقا ئېھتىياجلارغا يېتىشمىگىدەك دەرىجىدە ئاز چۈشۈرمىدۇق.

② يەنى بىز سىلەرگە ئاسماندىن چۈشۈرگەن سۇنى تېزلا زېمىنغا سىڭىپ كېتىدىغان ياكى يوق بولۇپ كېتىدىغان قىلمىدۇق، بەلكى بۇلاقلار، ئۆستەڭلەر، دەريالار، كۆللەر ۋە ۋادىلاردا ساقلاپ بەردۇق؛ (چۈنكى ئۇ سۇلارنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ئاسماندىن ياغقان يامغۇردۇر) يەنى يامغۇر ياغمىغان ۋاقىتلاردا ياكى يامغۇر كەم ياغىدىغان ئەمما سۇغا ئېھتىياج كۆپ بولىدىغان جايلاردا ياشايدىغانلار پايدىلانسۇن دەپ سۇنى زېمىندا توختىتىپ بەردۇق.

③ يەنى بىز سىلەرگە مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن سۇدىن پايدىلىنىدىغان قولاي شارائىتلارنى ياراتقىنىمىزدەك، سۇنى زېمىن يۈزىدىن سىلەر ئالالمىغىدەك دەرىجىدە چوڭقۇر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەم قادىرمىز.

④ يەنى ئۇ باغلاردا ئۈزۈم ۋە خورمىدىن باشقا يەنە ھەر خىل مېۋىلەر بار. سىلەر ئۇ باغلارنىڭ كۆركەم ۋە چىرايلىقىغا قاراپ ھۇزۇرلىنىسىلەر ۋە ئۇنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيسىلەر.

⑤ بۇ يەردىكى دەرەختىن زەيتۇن دەرىخى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ

مېۋىسىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ياغ چىراغ ياقىدىغان، بەدەننى مايلايدىغان ۋە تاماق ئېتىدىغان ماي ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى نان بىلەن تائام ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ﴿صِبۡغٍ﴾ ئەسلىدە كىيىم بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوياق، رەڭ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ يەردە نان مىلەپ يەيدىغان سۇيۇق ئوزۇقلۇق مەنىسىدە كەلگەن. چۈنكى، ناننى زەيتۇن يېغىغا تۆگۈرگەندە ماينىڭ تەسىرىدە نانمۇ بويىغاندەك رەڭلىك بولۇپ قالىدۇ. ﴿طُورِ سَيۡنَآءَ﴾ «تۇرسىنا» بىر تاغنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئەتراپىنى ئېسىل سورتلۇق زەيتۇن دەرەخلىرى ئوراپ تۇرىدىغان جايدۇر.

وَإِنَّ لَكُمۡ فِي ٱلۡأَنۡعَٰمِ لَعِبۡرَةٗۖ نُّسۡقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهَا وَلَكُمۡ
فِيهَا مَنَٰفِعُ كَثِيرَةٞ وَمِنۡهَا تَأۡكُلُونَ ﴿٢١﴾ وَعَلَيۡهَا وَعَلَى ٱلۡفُلۡكِ
تُحۡمَلُونَ ﴿٢٢﴾ وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ فَقَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ
ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ ٱلۡمَلَؤُاْ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ مَا هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُرِيدُ أَن يَتَفَضَّلَ
عَلَيۡكُمۡ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَنزَلَ مَلَٰٓئِكَةٗ مَّا سَمِعۡنَا بِهَٰذَا فِيٓ ءَابَآئِنَا
ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٢٤﴾ إِنۡ هُوَ إِلَّا رَجُلُۢ بِهِۦ جِنَّةٞ فَتَرَبَّصُواْ بِهِۦ حَتَّىٰ
حِينٖ ﴿٢٥﴾

*چارۋىلاردا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى نەرسە (يەنى سۈت) بىلەن سىلەرنى سۇغىرىمىز، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر [21]. (قۇرۇقلۇقتا) ئۇلارغا مىنىسىلەر، (دېڭىزدا) كېمىلەرگە ئولتۇرىسىلەر① [22]. شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر ئاللاھتىن قورقمامسىلەر؟» [23] ئۇنىڭ قەۋمىدىكى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاتتىباشلار ئېيتتى: «بۇ*

***پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى②، ئەگەر ئاللاھ (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن بولاتتى③، بۇنداق سۆزنى بىز بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز④ [24]. ئۇ پەقەت بىر مەجنۇن (ئەقلىدىن ئازغان) ئادەمدۇر، سىلەر ئۇنى بىر مەزگىل كۈتۈڭلار»⑤ [25].***

① يەنى سىلەر رەببىڭلارنىڭ بۇ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلارغا، ئىتائەت قىلىشىڭلارغا ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق ئەمەسمۇ؟

② يەنى بۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان تۇرسا، قانداقمۇ پەيغەمبەر ۋە ئەلچى بولالايدۇ؟ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىشتىكى ئەسلي مەقسىتى سىلەردىن ئۈستۈن ۋە كاتتا بولۇۋېلىشتۇر، دېيىشتى.

③ مۇبادا ئاللاھ تائالا راستتىنلا پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق بىزگە ئۆزىنىڭ ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى ۋە بىرلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولسا ئىدى، ئىنساندىن پەيغەمبەر ئەۋەتمەي، پەرىشتىلەردىن ئەۋەتكەن بولاتتى.

④ يەنى ئۇنىڭ تەۋھىد دەۋىتى مۇستەقىل ئۆزگىچە بىر دەۋەت ئىكەن، بىز زامانلاردىن بىرى ئەجدادلىرىمىزدىن پەيغەمبەرنىڭ ئىنسانلاردىن بولغىنىنى ئاڭلىمىغان ئىدۇق، دەيدۇ.

⑤ يەنى نۇھ بىزنى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىمىز سەۋەبلىك ئەقىلسىز ۋە ئەخمەق دەپ قارايدۇ. قارىغاندا ئۇ ئۆزى بىر مەجنۇن ئىكەن. سىلەر ئۇنى بىر مەزگىل قويۇپ بېرىڭلار، ئۇ ئۆلسە، ئۇنىڭ دەۋىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ ياكى ساراڭلىقى ئوڭشىلىپ قالسا، دەۋىتىنى تەرك ئېتىشى مۇمكىن.

قَالَ رَبِّ ٱنصُرۡنِي بِمَا كَذَّبُونِ ﴿٢٦﴾ فَأَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡهِ أَنِ ٱصۡنَعِ ٱلۡفُلۡكَ
بِأَعۡيُنِنَا وَوَحۡيِنَا فَإِذَا جَآءَ أَمۡرُنَا وَفَارَ ٱلتَّنُّورُ فَٱسۡلُكۡ فِيهَا مِن

كُلٍّ زَوْجَيْنِ ٱثْنَيْنِ وَأَهْلَكَ إِلَّا مَن سَبَقَ عَلَيْهِ ٱلْقَوْلُ مِنْهُمْ ۖ وَلَا
تُخَٰطِبْنِى فِى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ ۚ إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ ﴿٢٧﴾ فَإِذَا ٱسْتَوَيْتَ أَنتَ
وَمَن مَّعَكَ عَلَى ٱلْفُلْكِ فَقُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى نَجَّىٰنَا مِنَ ٱلْقَوْمِ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٨﴾

***نۇھ (ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن): «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، (ئۇلارغا قارشى) ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى① [26]. بىز نۇھقا: «بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن② ۋە تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان چاغدا③، ھايۋانلاردىن (ئەركەك ـ چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن④، ئائىلەڭدىكىلەرنىمۇ ئېلىۋالغىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھالاك بولۇشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا⑤. (ئۆزگە زۇلۇم قىلغانلار (نى قوغداپ قېلىش) توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت تىلىمىگىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ⑥» دەپ ۋەھيي قىلدۇق [27]. سەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر بىلەن كېمىگە چىققان چېغىڭدا: «بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن!» دېگىن [28].***

① نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل دەۋەت ۋە تەبلىغ قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى رەببىگە ئىلتىجا قىلدى: ﴿ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى﴾. (سۈرە قەمەر 10-ئايەت) ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا: ﴿بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن﴾ دەپ ئەمر قىلدى.

② يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىش بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن چاغدا.

③ تونۇر توغرىسىدىكى شەرھى سۈرە ھۇدتا بايان قىلىنىدى. بۇ ئايەتتىكى تونۇر دېگەن ئادەتتە نان ياقىدىغان تونۇر بولماستىن بەلكى ئۇنىڭدىن پۈتۈن يەر يۈزى كۆزدە تۇتۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن يەر يۈزى

بۇلاقلارغا ئايلىنىپ كەتكەن، سۇ زېمىننىڭ ئاستىدىن خۇددى بۇلاقتىن چىققاندەك ئېتىلىپ چىققان ئىدى. بۇ يەردە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا، قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە يوليورۇق بېرىلىۋاتىدۇ.

④ يەنى نەسلى قۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەر تىپتىكى ھايۋانلار ۋە قۇشلاردىن ئەركەك - چىشى بولۇپ بىر جۈپتىن، يەنە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە مېۋىلەردىن ئېلىپ كېمىگە سېلىۋالغىن.

⑤ مۇستەسنا بولغانلار يەنى كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنىشى ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە ئوغلى قاتارلىقلار ئىدى.

⑥ يەنى ئازاب چۈشۈشكە باشلىغاندا، سەن بۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ ھېچ بىرىگە شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن شاپائەت تىلىمىگىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ توپان بالاسى بىلەن ھالاك بولىدىغانلىقى ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى.

وَقُل رَّبِّ أَنزِلۡنِي مُنزَلٗا مُّبَارَكٗا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡمُنزِلِينَ ﴿٢٩﴾ إِنَّ فِي
ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ وَإِن كُنَّا لَمُبۡتَلِينَ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ أَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قَرۡنًا
ءَاخَرِينَ ﴿٣١﴾ فَأَرۡسَلۡنَا فِيهِمۡ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا
لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٣٢﴾

***ھەمدە: «ئى رەببىم! مېنى بەرىكەتلىك بىر مەنزىلگە چۈشۈرگىن① ، سەن ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن» دېگىن② [29]. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا (ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن) نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار③ ، بىز (بەندىلىرىمىزنى) ئەلۋەتتە (مۇشۇنداق) سىنايمىز④ [30]. ئاندىن (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن) كېيىن باشقا بىر نەسىل پەيدا قىلدۇق⑤ [31]. بىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى ھۇدنى) ئەۋەتتۇق⑥. (ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى) «ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر⑦ سىلەر ئاللاھتىن قورقمامسىلەر؟ [32].***

① سەن كېمىگە چىققاندا، زالىملارنى تامامەن غەرق قىلىپ، ساڭا ئۇلاردىن نىجاتلىق ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقىن ۋە كېمىنىڭ بىخەتەر قۇرۇقلۇققا چىقىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغىن. ﴿رَبِّ اَنْزِلْنِيْ مُنْزَلًا مُّبٰرَكًا وَّاَنْتَ خَيْرُ الْمُنْزِلِيْنَ﴾ ﴿ئى رەببىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن﴾ دېگىن.

② قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاغقا مىنگەندە ئوقۇغان دۇئالار ئوقۇلىدۇ: «اللهُ أَكْبَرُ، اللهُ أَكْبَرُ ، اللهُ أَكْبَرُ». ﴿سُبْحٰنَ الَّذِيْ سَخَّرَ لَنَا هٰذَا وَمَا كُنَّا لَهٗ مُقْرِنِيْنَ وَاِنَّا اِلٰى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُوْنَ ﴾ ﴿بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز﴾. (سۈرە زۇخرۇف 13-، 14-ئايەتلەر).

③ يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋەقەسىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ، كاپىرلارنى ھالاك قىلىشىدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەر بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ ھەق بىلەن باتىل ئارىسىدىكى بارلىق توقۇنۇشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، بارلىق ۋەقەلەرنى ۋاقتىدا خاتىرلەپ قويىدۇ، ئۇلارنى جازالاش ۋاقتى كەلگەندە، شۇنداق جازالايدۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

④ بىز بەندىلەرنى پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر ئەۋەتىش ئارقىلىق سىناپ تۇرىمىز.

⑤ كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن كېيىن يارىتىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن «باشقا بىر نەسىل» ئاد قەۋمىدۇر. چۈنكى، كۆپ ئايەتلەردە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن كېيىنلا ئاد قەۋمى ئورۇنباسار سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ يەردىكى «باشقا بىر نەسىل» سەمۇد قەۋمىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بۇ قەۋمنىڭ قىسسىسىنىڭ ئايىغىدا: ﴿ئۇلار قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك بولدى﴾ دەپ كېلىدۇ. قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك بولغانلار سەمۇد قەۋمى ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ قەۋم شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان مەديەن ئاھالىسىدۇر. ئۇلارمۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىنغان ئىدى.

⑥ بۇ پەيغەمبەرنىمۇ بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئەۋەتتۇق، ئۇ

پەيغەمبەرمۇ مۇشۇ قەۋمنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ئوبدان تونۇيتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئائىلىسى، تۇرالغۇ جايى ۋە تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئوبدان بىلەتتى.

⑦ ئۇ پەيغەمبەر كېلىپ، ئۇلارنى شېرىكى يوق بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى، ئىلگىرى ئۆتكەن ھەربىر پەيغەمبەر دەۋىتىنىڭ باش تېمىسىمۇ دەل شۇ تەۋھىد ئىدى.

وَقَالَ ٱلْمَلَأُ مِن قَوْمِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَكَذَّبُوا۟ بِلِقَآءِ ٱلْـَٔاخِرَةِ
وَأَتْرَفْنَـٰهُمْ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا مَا هَـٰذَآ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يَأْكُلُ
مِمَّا تَأْكُلُونَ مِنْهُ وَيَشْرَبُ مِمَّا تَشْرَبُونَ ﴿٣٣﴾ وَلَئِنْ أَطَعْتُم بَشَرًا
مِّثْلَكُمْ إِنَّكُمْ إِذًا لَّخَـٰسِرُونَ ﴿٣٤﴾ أَيَعِدُكُمْ أَنَّكُمْ إِذَا مِتُّمْ وَكُنتُمْ
تُرَابًا وَعِظَـٰمًا أَنَّكُم مُّخْرَجُونَ ﴿٣٥﴾ ۞ هَيْهَاتَ هَيْهَاتَ لِمَا
تُوعَدُونَ ﴿٣٦﴾ إِنْ هِىَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا نَحْنُ
بِمَبْعُوثِينَ ﴿٣٧﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا رَجُلٌ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا وَمَا نَحْنُ لَهُۥ
بِمُؤْمِنِينَ ﴿٣٨﴾

***ئۇنىڭ قەۋمىدىن كۇفرىدا چىڭ تۇرغان، ئاخىرەتتىكى ئۇچرىشىشنى ئىنكار قىلغان ۋە بۇ دۇنيادا بىز باياشات تۇرمۇش① ئاتا قىلغان كاتتىباشلىرى② ئېيتتى: «بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەر يېگەننى يەيدۇ، سىلەر ئىچكەننى ئىچىدۇ③ [33]. ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شەكسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتقۇچى بولىسىلەر④ [34]. ئۇ سىلەرنى، ‹سىلەر ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغاندىن كېيىن تىرىلىسىلەر› دەپ ئاگاھلاندۇرامدۇ؟ [35]. سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش تولىمۇ يىراقتۇر⑤ [36]. بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز (بىر تەرەپتىن) ئۆلۈپ تۇرىمىز، (يەنە بىر تەرەپتىن) تۇغۇلۇپ تۇرىمىز، بىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز [37]. ئۇ پەقەت ئاللاھ نامىدىن***

***يالغاننى توقۇغان ئادەمدۇر⑥، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز» [38].***

① ئاخىرەتكە ئىشەنمەسلىك ۋە تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقى قەۋملەرنىڭ ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمەسلىكىگە سەۋەب بولغان ئىككى ئاساسلىق ئامىل ئىدى. بۈگۈنمۇ باتىل ئەھلى مەزكۇر ئىككى ئامىل سەۋەبىدىن ھەقىقەتچىلەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەققە چاقىرغان دەۋىتىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ.

② قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ھەر دەۋردە پەيغەمبەرلەرنى ۋە ھەقىقەتچىلەرنى ئىنكار قىلىشتا ئاكتىپ رول ئويناپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن قەۋم ئىچىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىمان ئېيتىشتىن مەھرۇم قالغان. سەۋەبى شۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋم ئىچىدىكى تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلار تۇتقان يولغا ئەگەشكەن.

③ يەنى ئۇلار: بۇ بىزگە ئوخشاش يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان ئىنسان ئىكەن دەپلا پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىۋەتتى. ئالLاھنىڭ ئەلچىسى قانداق بولسا توغرا بولاتتى؟ بۈگۈنمۇ بىر قىسىم پىرقىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئادەمزاتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايدۇ.

④ سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنساننى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ئۆزۈڭلاردىن ئۈستۈن كۆرسەڭلار، زىيان تارتقان بولىسىلەر، بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساندىن قانداقمۇ ئەۋزەل بولسۇن؟ مانا بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىنسانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغانلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى خاتا قاراشتۇر. ھالبۇكى، ئالLاھ تائالا ئىنسانلار ئىچىدىن بىر كىشىنى پەيغەمبەرلىككە تاللىسا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى باشقا پەيغەمبەر بولمىغان بارلىق ئىنسانلارغا شەرەپ كەلتۈرىدۇ.

⑤ ﴿هَيْهَاتَ هَيْهَاتَ﴾ يىراق دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئىككى قېتىم تەكرارلانغان.

⑥ يەنى تىرىلدۈرۈش ۋەدىسى بۇ ئادەمنىڭ ئالLاھقا يالغاننى چاپلاپ تاپقان گېپىدۇر.

قَالَ رَبِّ ٱنصُرۡنِي بِمَا كَذَّبُونِ ﴿٣٩﴾ قَالَ عَمَّا قَلِيلٖ لَّيُصۡبِحُنَّ

نَٰدِمِينَ ﴿٤٠﴾ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلصَّيۡحَةُ بِٱلۡحَقِّ فَجَعَلۡنَٰهُمۡ غُثَآءٗۚ فَبُعۡدٗا
لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤١﴾ ثُمَّ أَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قُرُونًا ءَاخَرِينَ ﴿٤٢﴾
مَا تَسۡبِقُ مِنۡ أُمَّةٍ أَجَلَهَا وَمَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ ﴿٤٣﴾

***ھۇد ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، (ئۇلارغا قارشى) ماڭا ياردەم بەرگىن»① [39]. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم نادامەت چېكىدۇ»② [40]. (دېگەندەك) قاتتىق بىر ئاۋاز ئۇلارنى ھەقلىق رەۋىشتە ھالاك قىلىۋەتتى③. بىز ئۇلارنى لۆجە (سەل سۈپۈرۈپ كەتكەن ئەخلەتلەردەك) قىلىۋەتتۇق④، بۇ زالىم قەۋم (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن! [41]. ئاندىن (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن) كېيىن، باشقا نەسىللەرنى پەيدا قىلدۇق⑤ [42]. (ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەردىن) ھېچقانداق بىر ئۈممەت (ھالاك بولۇشى ئۈچۈن) بەلگىلەنگەن ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ ھالاك بولمايدۇ، (ھالاك بولۇش ۋاقتىدىن) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ⑥ [43].***

① ئاخىرى، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بۇ پەيغەمبەرمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، مەدەت تىلىدى.

② ﴿عَمَّا﴾دىكى ما ئارتۇق بولۇپ، پەقەت ۋاقىتنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. يەنى پات يېقىندا ئۇلارغا ئازاب كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلار نادامەت چېكىدۇ، لېكىن ئۇ چاغدا چەككەن نادامەتنىڭ ئۇلارغا ھېچ پايدىسى بولمايدۇ.

③ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ قاتتىق ئاۋاز جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ بىر كىمنىڭ ئاۋازى ئەمەس، مۇنداقلا بىر ئاۋاز ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق بورانمۇ بار ئىدى. قاتتىق ئاۋاز بىلەن كەلگەن بوران ئۇلارنى ھالاك قىلىپ، سەلنىڭ كۆپۈكلىرىدەك (كېرەكسىز قىلىپ) ياتقۇزۇۋەتتى.

④ ﴿غُثَآءً﴾ «لۆجە» سەل ئېقىتىپ كەلگەن لەش، كۆپۈك ۋە ئەخلەتلەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا دەرەخنىڭ شاخلىرى، يوپۇرماقلىرى ۋە ھاكازالار بولىدۇ. سەل توختىغاندا بۇ نەرسىلەرمۇ قۇرۇپ، ئەخلەت

دۈۋسىگە ئايلىنىدۇ. مانا بۇ ھەقنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

⑤ بۇ يەردىكى «باشقا بىر نەسىللەر» سالىھ ئەلەيھىسسالام، لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋملىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەقەسى سۈرە ئەئراف ۋە سۈرە ھۇدتا مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بايان قىلىنغان. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿قُرُونًا﴾ «قَرْنٌ «(ئەسىر)نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بۇ يەردە نەسىل، قەۋم مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

⑥ يەنى بۇ ئۇممەتلەرنىڭ ھەممىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە ئاد قەۋملىرىدەك ھالاك بولۇش ۋاقتى كەلگەن چاغدا، ھالاك قىلىندى، بىر سېكۇنتمۇ كېچىكتۈرۈلمىدى. تۆۋەندىكى ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿ھەر ئۇممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ﴾. (سۈرە يۇنۇس 49-ئايەت)

ثُمَّ أَرۡسَلۡنَا رُسُلَنَا تَتۡرَاۖ كُلَّ مَا جَآءَ أُمَّةٗ رَّسُولُهَا كَذَّبُوهُۖ فَأَتۡبَعۡنَا بَعۡضَهُم بَعۡضٗا وَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَحَادِيثَۚ فَبُعۡدٗا لِّقَوۡمٖ لَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿٤٤﴾ ثُمَّ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ وَأَخَاهُ هَٰرُونَ بِـَٔايَٰتِنَا وَسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ﴿٤٥﴾ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَٱسۡتَكۡبَرُواْ وَكَانُواْ قَوۡمًا عَالِينَ ﴿٤٦﴾ فَقَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ لِبَشَرَيۡنِ مِثۡلِنَا وَقَوۡمُهُمَا لَنَا عَٰبِدُونَ ﴿٤٧﴾ فَكَذَّبُوهُمَا فَكَانُواْ مِنَ ٱلۡمُهۡلَكِينَ ﴿٤٨﴾

*ئاندىن بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇئارقا① ئەۋەتتۇق، ھەر ئۇممەتكە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى يالغانغا چىقاردى، شۇڭا بىز ئۇلارنى ئارقىمۇئارقا ھالاك قىلدۇق②، ئۇلار )نىڭ قىسسىسى) نى (كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن) ھېكايىلەرگە ئايلاندۇردۇق③. ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋم (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن! [44]. ئاندىن مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى*

***ھارۇننى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز بىلەن ۋە روشەن پاكىت بىلەن④ پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتتى، ئۇلار تەكەببۇر قەۋم ئىدى⑤ [45-46]. ئۇلار: «بىز ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئىككى ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزنىڭ (قۇلغا ئوخشاش) خىزمەتچىلىرىمىز تۇرسا» دېيىشتى⑥ [47]. ئاندىن ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى (يەنى مۇسا بىلەن ھارۇننى) يالغانغا چىقاردى. (بۇ سەۋەبتىن) ئۇلار ھالاك بولغۇچىلاردىن بولدى [48].***

① ﴿تَتۡرَا﴾نىڭ مەنىسى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى، ئارقىمۇئارقا، كەينى-كەينىدىن دېمەكتۇر.

② پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ئارقىمۇئارقا كەلگەندەك، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قەۋملەرمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئازاپقا دۇچار بولدى ۋە يەر ئۈستىدىن يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

③ «أُعْجُوْبَةٌ»نىڭ كۆپلۈكى «أَعَاجِيْبُ» بولغاندەك «أُحْدُوْثَةٌ»نىڭ كۆپلۈكى ﴿أَحَادِيۡثَ﴾ بولىدۇ. يەنى كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا ئېيتىلىپ تۇرىدىغان ئىبرەتلىك ۋەقە، ھېكايە ۋە قىسسىلەر دېگەن مەنىدە.

④ بۇ يەردىكى «ئايەتلىرىمىز» دېگەندىن سۈرە ئەئرافتا بايان قىلىنغان توققۇز مۆجىزە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿سُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ﴾ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى جاۋاب بېرىشتىن ئاجىز كەلگەن ئوچۇق دەلىل-ئىسپات ۋە روشەن پاكىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ بۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ، ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ۋەقەلىرىدە بايان قىلىنغاندەك، ئاخىرەتكە ئىشەنمەسلىك ۋە تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقىدىن كېلىپ چىققان تەكەببۇرلۇقتىن ئىدى.

⑥ بۇ ئايەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىشتا كەلتۈرگەن دەلىلى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ «ئىنسان-ئادەمزات بولغانلىقى» ئىدى. شۇ ئادەمزاتلىقنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئۇلار: بۇ ئىككىسى بىزگە قۇل بولغان بىر قەۋمنىڭ ئادەملىرى تۇرسا، دېدى.

وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ لَعَلَّهُمۡ يَهۡتَدُونَ ﴿٤٩﴾ وَجَعَلۡنَا ٱبۡنَ
مَرۡيَمَ وَأُمَّهُۥٓ ءَايَةٗ وَءَاوَيۡنَٰهُمَآ إِلَىٰ رَبۡوَةٖ ذَاتِ قَرَارٖ وَمَعِينٖ ﴿٥٠﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلرُّسُلُ كُلُواْ مِنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَٱعۡمَلُواْ صَٰلِحًاۖ إِنِّي بِمَا
تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ ﴿٥١﴾

***ئۇلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ھىدايەت تاپسۇن دەپ، بىز ھەقىقەتەن مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق① [49]. بىز مەريەمنىڭ ئوغلى (ئىيسا) نى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى (قۇدرىتىمىزنىڭ) ئالامىتى قىلدۇق②، ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا③ ئورۇنلاشتۇردۇق [50]. ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار④، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن [51].***

① ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىپ بولغاندىن كېيىن چۈشۈردى. ئاللاھ تائالا تەۋراتنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ھېچبىر ئۈممەتنى بىراقلا ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلمىدى، بەلكى ئۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىكى مۇئمىنلەرنى كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرۇدى.

② چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر پاكىت ھەم ئالامەتتۇر. شۇنىڭدەك ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىز ۋە ئانىسىز يارىتىلغانلىقى، ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ ئايالدىن ئەمەس، بەلكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغانلىقى، ئۇلاردىن باشقا بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەر بىلەن ئايالدىن يارىتىلغانلىقى ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

③ ﴿رَبۡوَةٖ﴾ «ئېگىز جاي» دېگەندىن بەيتۇلمۇقەددەس كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇپەسسىرلەردىن بىرىنىڭ سۆزىگە ئاساسەن ﴿مَعِينٖ﴾ «ئېقىن سۇلۇق» دېگەندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان چاغدا، ئاللاھ تائالا مۆجىزە سۈپىتىدە مەريەمنىڭ قەدىمى ئاستىدىن ئېقىتىپ چىقارغان ئېرىق كۆزدە

تۇتۇلىدۇ. بۇ ۋەقە سۈرە مەريەمدە بايان قىلىندى.

④ ﴿الطَّيِّبٰتِ﴾ پاك ۋە لەززەتلىك نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇ ھالال نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ، دېدى. ھەر ئىككى سۆز ئۆز ئورنىدا توغرا، چۈنكى ھەر قانداق پاك نەرسىنى ئاللاھ ھالال قىلدى. ھەر قانداق ھالال نەرسە پاك ۋە لەززەتلىك بولىدۇ. ناپاك نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالا ھارام قىلدى. ئۇ نەرسىلەر تەسىرى ۋە نەتىجىسى جەھەتتىن پاك ئەمەستۇر. ناپاك قەۋملەرگە قىلمىشلىرى ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان مۇھىت ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى سەۋەبىدىن گۈزەل ۋە لەززەتلىك بىلىنىدۇ. «ياخشى ئەمەل» دېگەن شەرىئەتكە ئۇيغۇن يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا مۇۋاپىق كەلگەن ئەمەلدۇر. كىشىلەر نېمىنى ياخشى دەپ چۈشەنسە شۇ ياخشى ئەمەل بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرگە بىدئەت ئەمەللەرمۇ ياخشى ئەمەلدەك تۇيۇلىدۇ، ھەتتا بىدئەتچىلەر پەرز، سۈننەت ۋە مۇستەھەب ئەمەللەرگە، ئۆزلىرىنىڭ بىدئەت ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بەرگەندەك، ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ ئايەتتە ھالال يېيىش بىلەن ياخشى ئەمەل بىر يەردە تەكىتلىنىپ كەلدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر باغلىنىش بار. يەنە بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ياردەمچى بولىدۇ. ھالال يېيىش بىلەن ياخشى ئەمەل ئاسانلىشىدۇ. ياخشى ئەمەل ئىنساننى ھالال يېيىشكە ئۈندەيدۇ ھەم ھالالغا قانائەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرنى بۇ ئىككى ئىشقا بۇيرىدى. ئەمەلىيەتتە، بارلىق پەيغەمبەرلەر مېھنەت قىلىپ، ھالالدىن كىرىم قىلىش ۋە ھالال يېيىشكە ئەھمىيەت بېرىپ ياشىغان ئىدى. مەسىلەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز كەسپى بىلەن ئىشلەپ ياشىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق ھەدىس كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى». (سەھىھۇل بۇخارى 2072-ھەدىس) يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر (پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن) قوي باققان، مەنمۇ مەككىلىكلەرنىڭ (قويلىرىنى) بىر قانچە تەڭگىگە بېقىپ بېرەتتىم» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 2262-ھەدىس) بۈگۈنكى كۈندە ساختىپەز، ئالدامچى، قويمىچى، پارىخور، جازانىخور قاتارلىق ھارامخورلار ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھالال تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلارنى تۆۋەن تەبىقە قاتارىدا سانايدىغان بولۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرى تۆۋەن تەبىقىلەردۇر. گەرچە ھارامخورلار قارۇندەك خەزىنىلەرگە ئىگە بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىززەت-ھۆرمىتى

بولمايدۇ. ئەسلىي قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەشكە لايىق كىشىلەر پېقىر بولسىمۇ، ئەمگەك قىلىپ ھالالدىن پۇل تاپىدىغانلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھالالدىن ئەمگەك قىلىش ھەققىدە ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھارامدىن پۇل تاپقان كىشىنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇنىڭ دۇئاسىنىمۇ ئىجابەت قىلمايدۇ».
(سەھىھ مۇسلىم 1015 ـ ھەدىس)

وَإِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَأَنَا۠ رَبُّكُمۡ فَٱتَّقُونِ ﴿٥٢﴾ فَتَقَطَّعُوٓاْ
أَمۡرَهُم بَيۡنَهُمۡ زُبُرٗاۖ كُلُّ حِزۡبِۭ بِمَا لَدَيۡهِمۡ فَرِحُونَ ﴿٥٣﴾ فَذَرۡهُمۡ فِي
غَمۡرَتِهِمۡ حَتَّىٰ حِينٍ ﴿٥٤﴾ أَيَحۡسَبُونَ أَنَّمَا نُمِدُّهُم بِهِۦ مِن مَّالٖ
وَبَنِينَ ﴿٥٥﴾ نُسَارِعُ لَهُمۡ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِۚ بَل لَّا يَشۡعُرُونَ ﴿٥٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
هُم مِّنۡ خَشۡيَةِ رَبِّهِم مُّشۡفِقُونَ ﴿٥٧﴾ وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ
يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٨﴾

***سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر①، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار [52]. ئۇلار (يەنى ئۈممەتلەر) ئۆز ئارىسىدا (ئەسلىي بىر بولغان) دىنىنى پارچىلاپ، نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى، ھەربىر پىرقە ئۆزىدىكى (ئەقىدە ۋە قاراشلىرى) بىلەن خۇشالدۇر [53]. (ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ) ئۇلارنى مەلۇم مۇددەتكىچە ئۆز گۇمراھلىقىدا تەرك ئەتكىن② [54]. بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۇلار ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى) ئۇقمايدۇ [55 ـ 56]. شەكسىزكى، رەببىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن (ئەيمىنىپ) تىترەپ تۇرىدىغان كىشىلەر [57]، رەببىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەر [58]،***

① ﴿أُمَّةً﴾ دېگەندە دىن مەقسەت قىلىنىدۇ. «دىنىڭلار بىر» دېگەننىڭ مەنىسى بارلىق پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان. لېكىن كىشىلەر تەۋھىد دىنىنى تاشلاپ، ھەر خىل گۇرۇھ ۋە

يىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شۇڭا ھەربىر يىرقە، ھەقتىن نەقەدەر يىراقلىشىپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۆز ئەقىدىسى ۋە قىلمىشلىرى بىلەن خۇشاللىنىدۇ.

② ﴿غَمْرَةٍ﴾ ئەسلىدە يەرنى ئوراپ ئالغان كۆپ سۇنى كۆرسىتىدۇ. گۇمراھلىقمۇ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ھاڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرىپ قالغان ئىنساننىڭ كۆزى ھەقنى كۆرۈشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ﴿غَمْرَةٍ﴾ بۇ يەردە غەپلەت، ھەيرەت، زالالەت، گۇمراھلىق دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە ھەق دىنىدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن گۇمراھلارغا تەھدىت ۋە تەنبىھ بېرىش يۈزىسىدىن، ئۇلارنى گۇمراھلىقىدا تەرك ئېتىشكە ئەمر قىلدى. ئۇنىڭ مەنىسى، ۋەز-نەسىھەتنى توختاتقىن دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

وَٱلَّذِينَ هُم بِرَبِّهِمۡ لَا يُشۡرِكُونَ ﴿٥٩﴾ وَٱلَّذِينَ يُؤۡتُونَ مَآ ءَاتَواْ وَّ
قُلُوبُهُمۡ وَجِلَةٌ أَنَّهُمۡ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ رَٰجِعُونَ ﴿٦٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ يُسَٰرِعُونَ فِي
ٱلۡخَيۡرَٰتِ وَهُمۡ لَهَا سَٰبِقُونَ ﴿٦١﴾ وَلَا نُكَلِّفُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ
وَلَدَيۡنَا كِتَٰبٌ يَنطِقُ بِٱلۡحَقِّ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٦٢﴾ بَلۡ قُلُوبُهُمۡ فِي
غَمۡرَةٍ مِّنۡ هَٰذَا وَلَهُمۡ أَعۡمَٰلٌ مِّن دُونِ ذَٰلِكَ هُمۡ لَهَا عَٰمِلُونَ ﴿٦٣﴾
حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذۡنَا مُتۡرَفِيهِم بِٱلۡعَذَابِ إِذَا هُمۡ يَجۡـَٔرُونَ ﴿٦٤﴾

*رەببىگە شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر [59]، رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن) دىللىرى قورقۇپ تۇرۇپ سەدىقە بېرىدىغان كىشىلەر① [60]، ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلاردا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ئۇنىڭدا (باشقىلارنىڭ) ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۈچىلەردۇر [61]. بىز ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايمىز②، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا راست سۆزلەيدىغان كىتاب (نامە ـ ئەمەل دەپتىرى) بار، ئۇلارغا (ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى ئازابىنى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن) قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ [62]. كاپىرلارنىڭ دىللىرى بۇ (قۇرئان) دىن غەپلەتتىدۇر، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن (يەنى كۇفرىدىن)*

***باشقا يەنە نۇرغۇن يامان ئەمەللىرى باركى③، ئۇلار ئۇنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ [63]. ئۇلارنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرىنى ئازاب بىلەن جازالىغان ۋاقتىمىزدا④، ئۇلار پەرياد قىلىشقا باشلايدۇ [64].***

① يەنى ئۇلار ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىپ تۇرۇپمۇ، بىرەر كەمچىلىك سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماي قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايەتتىكى «دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر» ئوغرىلىق قىلىدىغان، زىنا قىلىدىغان ۋە ھاراق ئىچىدىغان ئاندىن ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ ۋە سەدىقە بېرىپ تۇرۇپمۇ، قوبۇل بولماي قالارمۇ دەپ، قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر» دېدى». (سۈنەنى تىرمىزى 3175-ھەدىس، مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد 6-توم، 205-بەت)

② ﴿ئاللاھ ھېچكىمگە قۇربى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدۇ﴾ بۇ ئايەتنىڭ شەرھىسى سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىندى.

③ يەنى ئۇلار شېرىكتىن باشقا گۇناھى كەبىرىلەرنى قىلىدۇ ياكى مۇئمىنلەر قىلىدىغان (ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش قاتارلىق) سالىھ ئەمەللەرنىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ. دېمەك ھەر ئىككىسى ئوخشاش ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

④ ﴿مُتْرَفِيهِمْ﴾ «دۆلەتمەن ئادەملەر» دېگەن باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئازاب كەلسە باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلارغىمۇ ۋە غورىگۇل تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلارغىمۇ ئورتاق كېلىدۇ. لېكىن باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلارنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى شۇ ۋەجىدىنكى، ئادەتتە قەۋمنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئۇلارنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئۇلار قايسى تەرەپكە باشلىسا، كىشىلەر شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلسا ۋە ئۇنىڭدىن يانمىسا، ئۇلارنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ، قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلماي كېتىۋېرىدۇ. بۇ ئايەتتىكى ﴿مُتْرَفِيهِمْ﴾ دېگەندىن ئىلگىرىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك، مال-مۈلۈك، بارياشات تۇرمۇش، بالا-چاقىلار ئاتا قىلىنىپ، مۆھلەت بېرىلگەن كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى ھوقۇقدار

ۋە پۇلدار كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردىكى «ئازاب» ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارىشىچە، مەككە كاپىرلىرى بەدرى غازىتىدا دۇچار بولغان مەغلۇبىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام زەھھاكنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەددۇئا قىلىشى بىلەن كەلگەن ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىكنى كۆرسىتىدۇ.

لَا تَجۡـَٔرُواْ ٱلۡيَوۡمَۖ إِنَّكُم مِّنَّا لَا تُنصَرُونَ ﴿٦٥﴾ قَدۡ كَانَتۡ ءَايَٰتِي تُتۡلَىٰ
عَلَيۡكُمۡ فَكُنتُمۡ عَلَىٰٓ أَعۡقَٰبِكُمۡ تَنكِصُونَ ﴿٦٦﴾ مُسۡتَكۡبِرِينَ بِهِۦ
سَٰمِرٗا تَهۡجُرُونَ ﴿٦٧﴾

***(ئۇلارغا ئېيتىلىدۇ) «بۈگۈن پەرياد قىلماڭلار، چۈنكى سىلەر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشەلمەيسىلەر»① [65]. مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلەتتى②، سىلەر (ئۇنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىۋالاتتىڭلار③ [66]. ئۇنىڭ بىلەن (يەنى مەككىلىك بولغانلىقىڭلار بىلەن) تەكەببۇرلۇق قىلاتتىڭلار④، كېچىلىك پاراڭلىرىڭلاردا (قۇرئاننى توغرۇلۇق) يامان سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار⑤ [67].***

① يەنى ئۇلار دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغاندىن كېيىن، ۋاقىراش-جارقىراش ۋە دات-پەريادلار ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايتتى، شۇنىڭدەك ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىنمۇ ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغان ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ.

② «مېنىڭ ئايەتلىرىم» دېگەن قۇرئان كەرىمنى ياكى پەيغەمبەرنىڭ يوليورۇقلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

③ ﴿تَنكِصُونَ﴾نىڭ مەنىسى كەينىگە چېكىنىش، لېكىن كۆچمە مەنىسىنى ئالغاندا، يۈز ئۆرۈش ۋە بۇرۇلۇش دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. يەنى سىلەر ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيتتىڭلار ۋە قاچاتتىڭلار.

④ ﴿بِهِۦ﴾ دىكى ئالماش كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە خانە كەبىنى ياكى ھەرەمنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇلار ھەرەمنىڭ خادىمى ۋە

قوغدىغۇچىلىرى بولغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلاتتى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئالماش قۇرئاننى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇلار قۇرئاننى ئاڭلىغاندا دىللىرىدا پەيدا بولغان كىبىر ۋە مەغرۇرلۇق ئۇلارنى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن توسۇپ قويىدى.

⑤ ﴿سَٰمِرًا﴾نىڭ مەنىسى كېچىدىكى پاراڭ. بۇ سۆز خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە قىلىشقان يامان پاراڭلىرىغا قارىتىلغان. شۇڭا ئۇلار ھەق سۆزنى ئاڭلاش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن قاچاتتى يەنى ھەق سۆزنى تەرك ئېتەتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿تَهۡجُرُونَ﴾نى بىھۇدە، يامان سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار، دەپ تەپسىر قىلسا، بەزىلەر ئۇنى قالايمىقان جۆيلۈيتتىڭلار، ئالا-جوقا گەپ قىلاتتىڭلار، دەپ تەپسىر قىلدى. يەنى سىلەر كېچىدە قىلىشقان پاراڭلىرىڭلاردا قۇرئان ھەققىدە ناشايان، بىھۇدە ۋە ھېچ خەيرلىك بولمىغان سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار. (فەتھۇلقەدىر، ئەيسەر تەپاسىر)

أَفَلَمۡ يَدَّبَّرُواْ ٱلۡقَوۡلَ أَمۡ جَآءَهُم مَّا لَمۡ يَأۡتِ ءَابَآءَهُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٦٨﴾
أَمۡ لَمۡ يَعۡرِفُواْ رَسُولَهُمۡ فَهُمۡ لَهُۥ مُنكِرُونَ ﴿٦٩﴾ أَمۡ يَقُولُونَ بِهِۦ جِنَّةُۢۚ
بَلۡ جَآءَهُم بِٱلۡحَقِّ وَأَكۡثَرُهُمۡ لِلۡحَقِّ كَٰرِهُونَ ﴿٧٠﴾ وَلَوِ ٱتَّبَعَ ٱلۡحَقُّ
أَهۡوَآءَهُمۡ لَفَسَدَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ بَلۡ أَتَيۡنَٰهُم
بِذِكۡرِهِمۡ فَهُمۡ عَن ذِكۡرِهِم مُّعۡرِضُونَ ﴿٧١﴾

***ئۇلار بۇ (ھەق) كالام (قۇرئان) ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلمىدىمۇ؟① بەلكى ئۇلارغا (ئاللاھ تەرىپىدىن) بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىغا كەلمىگەن نەرسە كەلدى② [68]. ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نى تونۇماي قالغانلىقتىن، ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتامدۇ③ [69]. ياكى ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دېيىشەمدۇ؟④ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇ (پەيغەمبەر) ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى يامان كۆرىدۇ⑤ [70]. ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇندىغان بولسا، ئەلۋەتتە***

***ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇداتلار بۇزۇلۇپ تۈگەشكەن بولاتتى⑥، ئۇنداق بولغىنى يوق. بىز ئۇلارغا شان ـ شەرەپ (كەلتۈرىدىغان قۇرئاننى) ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان شان ـ شەرەپتىن يۈز ئۆرۈمەكتە [71].***

① بۇ يەردىكى «(ھەق) كالام» قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇلار قۇرئان كەرىم ھەققىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلارغا قۇرئان كەرىمگە ئىمان ئېيتىش نېسىپ بولغان بولاتتى.

② ﴿أَمْ﴾ بۇ يەردە «بەلكى» مەنىسىدە كەلگەن. يەنى جاھالەت دەۋرىدە ئاتا ـ بوۋىلىرى ئېرىشەلمىگەن دىن ۋە شەرىئەت بۇلارغا كەلدى. ئۇلار بۇ نېمەت ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى لازىم ئىدى.

③ بۇ كايىش تەرىقىسىدە دېيىلگەن سۆزدۇر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ نەسەبى ۋە جەمەتىنى بىلگەندەك، ئۇنىڭ راستچىللىقى، ئامانەتدارلىقى، سەمىمىيلىكى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ئوبدان بىلەتتى ھەم ئېتىراپ قىلاتتى.

④ بۇ سۆزمۇ كايىش ۋە ئەيىبلەش تەرىقىسىدە كەلگەن. يەنى بۇ پەيغەمبەر ئۇلارغا پۈتۈن دۇنيا ئوخشىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن قۇرئاننى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت، ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىككە سەۋەبتۇر. مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ قۇرئان ۋە گۈزەل ئەھكاملارنى مەجنۇن ۋە ئەقىلدىن ئازغان ئادەم ئوتتۇرىغا قويالامدۇ؟

⑤ ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلىقى ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ ئەسلي سەۋەبى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى يامان كۆرگەنلىكىدۇر. بۇلار ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى باتىلنى ئىختىيار قىلىپ تۇرغانلىقىدىن، ھەقنى يامان كۆرۈش ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە سىڭىپ كەتكەن.

⑥ بۇ يەردىكى «ھەقىقەت» دېگەندىن قۇرئان، شەرىئەت ۋە دىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئەگەر دىن ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە چۈشكەن بولسا، ئاسمان ـ زېمىننىڭ پۈتۈن نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. مەسىلەن: ئۇلار بىر ئىلاھ بولماي، كۆپ ئىلاھلارنىڭ بولۇشىنى خالايدۇ. ئەگەر راستتىنلا ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە بىر قانچە ئىلاھ بولسا، كائىناتنىڭ نىزامى

مۇقىم تۇرالامدۇ؟ مۇشۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ باشقا خاھىشلىرىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

أَمۡ تَسۡـَٔلُهُمۡ خَرۡجًا فَخَرَاجُ رَبِّكَ خَيۡرٞۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٧٢﴾ وَإِنَّكَ لَتَدۡعُوهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٧٣﴾ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ عَنِ ٱلصِّرَٰطِ لَنَٰكِبُونَ ﴿٧٤﴾ ۞ وَلَوۡ رَحِمۡنَٰهُمۡ وَكَشَفۡنَا مَا بِهِم مِّن ضُرّٖ لَّلَجُّواْ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿٧٥﴾ وَلَقَدۡ أَخَذۡنَٰهُم بِٱلۡعَذَابِ فَمَا ٱسۡتَكَانُواْ لِرَبِّهِمۡ وَمَا يَتَضَرَّعُونَ ﴿٧٦﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا فَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَابٗا ذَا عَذَابٖ شَدِيدٍ إِذَا هُمۡ فِيهِ مُبۡلِسُونَ ﴿٧٧﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) ياكى سەن ئۇلاردىن (دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە) ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق گۇمان قىلامدۇ؟) رەببىڭنىڭ (ساڭا ئاتا قىلىدىغان) ئەجرى ھەممىدىن ياخشىدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر [72]. سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىۋاتىسەن [73]. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ھەقىقەتەن بۇ يولدىن چەتنىگۈچىلەردۇر① [74]. ئەگەر ئۇلارغا رەھىم قىلساق، ئۇلارغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەكمۇ، ئۇلار ئەلۋەتتە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ گۇمراھلىقىدا داۋاملىق تېڭىرقاپ يۈرۈشەتتى② [75]. بىز ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئازاب (يەنى قەھەتچىلىك) بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار يەنىلا رەببىگە بويسۇنمىدى، (ئۇنىڭغا) ئىلتىجا قىلىپمۇ باقمىدى③ [76]. تاكى ئۇلارغا قاتتىق ئازابنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان چېغىمىزدا، ئۇلار شۇ ھامان ئۈمىدىنى تامامەن يوقىتىدۇ④ [77].*

① يەنى ئۇلارنىڭ ﴿صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ﴾ توغرا يولدىن چەتنىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكىدىندۇر.

② ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىسلامغا قارىتا ئۆچمەنلىك ۋە قارشىلىق بولغاچقا، كۇفرى ۋە شېرىكتىن ئىبارەت گۇمراھلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ

پۈتۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئايەتتە ئەنە شۇ نۇقتا بايان قىلىنىدى.

③ بۇ يەردىكى ئازابتىن ئىككى خىل ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بىرىنچىسى: بەدرى غازىتىدا مەككە مۇشرىكلىرىگە يەتكەن مەغلۇبىيەت ئازابى. ئۇنىڭدا ئۇلاردىن 70 ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئىككىنچىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەددۇئا قىلغانلىقى سەۋەپتىن ئۇلارغا يەتكەن قەھەتچىلىك ئازابى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەددۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ! ئۇلارغا يۇسۇفنىڭ زامانىدا بولغان قەھەتچىلىكتەك قەھەتچىلىك ئەۋەتكىن، ئۇلارغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دەپ تىلىگەن ئىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4842 - ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 295 - ھەدىس) ئەمەلىيەتتە مەككە مۇشرىكلىرى قەھەتچىلىككە دۇچار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇسۇفيان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى مۇھەممەد! مەن سەندىن ئاللاھ تائالانىڭ نامى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئۆتۈنۈپ سوراي، بىز (قەھەتچىلىكتىن) يۇڭ بىلەن قاننىمۇ يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدۇق»، دېدى. دەل شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت نازىل بولدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ بۇ يەردىكى «قاتتىق ئازاب» تىن دۇنيادىكى ئازاب كۆزدە تۇتۇلغان بولىشىمۇ، يەنە ئاخىرەتتىكى ئازاب كۆزدە تۇتۇلغان بولىشىمۇ مۇمكىن. قەيەردە بولسۇن، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن ھامان بارلىق راھەت - پاراغەتتىن مەھرۇم قالىدۇ، مەيۇسلىنىدۇ ۋە ياخشى ئاقىۋەتتىن ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ.

وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا مَّا
تَشۡكُرُونَ ﴿٧٨﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي ذَرَأَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَإِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ﴿٧٩﴾
وَهُوَ ٱلَّذِي يُحۡيِۦ وَيُمِيتُ وَلَهُ ٱخۡتِلَٰفُ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِۚ أَفَلَا
تَعۡقِلُونَ ﴿٨٠﴾ بَلۡ قَالُواْ مِثۡلَ مَا قَالَ ٱلۡأَوَّلُونَ ﴿٨١﴾ قَالُوٓاْ أَءِذَا مِتۡنَا
وَكُنَّا تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ ﴿٨٢﴾ لَقَدۡ وُعِدۡنَا نَحۡنُ وَءَابَآؤُنَا
هَٰذَا مِن قَبۡلُ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٨٣﴾

*ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە دىللارنى ياراتقان*

*زاتتۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر① [78]. ئۇ سىلەرنى زېمىندا (نەسىللەندۈرۈش يولى بىلەن) كۆپەيتىپ (تەرەپ ـ تەرەپكە) تارقىتىۋەتكەن زاتتۇر، (ئاخىرى ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر② [79]. ئۇ تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۆلتۈرىدىغان زاتتۇر، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر③، چۈشەنمەمسىلەر؟④ [80]. (ئۇلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئويلاپمۇ كۆرمىدى) بەلكى ئۇلار بۇرۇنقىلار نېمىدېگەن بولسا شۇنى دېدى [81]. ئۇلار ئېيتتىكى: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە (چىرىگەن) سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، چوقۇم تىرىلەمدۇق؟ [82]. ھەقىقەتەن بىز (مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلدۇق)، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدى، بۇ پەقەت قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر»⑤ [83].*

① ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھەقنى ئاڭلىسۇن، چۈشەنسۇن ۋە قوبۇل قىلسۇن دەپ ئەقىل-ئىدراك، ئاڭلاش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاتا قىلدى. بۇ ئىقتىدارنى ھەقنى تونۇش ئۈچۈن ئىشلەتسەڭلار، نېمەتكە شۈكۈر قىلغان بولىسىلەر. ئەمما ئاراڭلاردا شۈكۈر قىلغۇچىلار يەنى ھەقنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئاز.

② بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرىتى بايان قىلىندى. ئاللاھ سىلەرنى يارىتىپ، زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يەرلەشتۈردى. چىراي-شەكىللىرىڭلارنى بىر-بىرىڭلارغا ئوخشىمايدىغان قىلدى. شۇنىڭدەك تىلىڭلارنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىڭلارنىمۇ ھەر خىل قىلدى. بىر كۈن كېلىدۇ، ئۇ كۈندە ئاللاھ ھەممىڭلارنى تىرىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا توپلايدۇ.

③ يەنى كېچىدىن كېيىن كۈندۈزنىڭ كېلىشى، كۈندۈزدىن كېيىن كېچىنىڭ كېلىشى، يەنە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقا بولۇشى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە باشقۇرىشى بىلەن بولىدۇ.

④ بۇنىڭدىن سىلەر شۇنى چۈشىنەلەيسىلەركى، ھەممە نەرسە شۇ بىر ئاللاھ تەرىپىدىندۇر. ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە غالىبتۇر. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ.

⑤ ﴿اَسَاطِيْرُ﴾ «أُسْطُوْرَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، يېزىپ قالدۇرۇلغان ھېكايىلەر، ئەپسانىلەر دېگەن مەنىدە. يەنى مۇشرىكلار دېدىكى: تىرىلدۈرۈش ۋەدىسى قاچاندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ؟ ئاتا-بوۋىلىرىمىز زامانىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ھازىرغا قەدەر ئەمەلگە ئاشمىدى، دېمەك بۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانە چۆچەكلىرى بولۇپ، كىتابلارغا يېزىلىپ قالغان، قولدىن قولغا ئۆتۈپ بىزلەرگە يېتىپ كەلگەن، بۇنىڭ ھېچقانداق ھەقىقتى يوق.

قُل لِّمَنِ ٱلْأَرْضُ وَمَن فِيهَآ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٨٤﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِۚ
قُلْ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٨٥﴾ قُلْ مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ ٱلسَّبْعِ وَرَبُّ ٱلْعَرْشِ
ٱلْعَظِيمِ ﴿٨٦﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِۚ قُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٨٧﴾ قُلْ مَنۢ بِيَدِهِۦ
مَلَكُوتُ كُلِّ شَىْءٍ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيْهِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٨٨﴾
سَيَقُولُونَ لِلَّهِۚ قُلْ فَأَنَّىٰ تُسْحَرُونَ ﴿٨٩﴾ بَلْ أَتَيْنَٰهُم بِٱلْحَقِّ وَإِنَّهُمْ
لَكَٰذِبُونَ ﴿٩٠﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ) زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟» [84]. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ» دەيدۇ. «ئۇنداقتا، سىلەر (بۇنىڭدىن) پەند - نەسىھەت ئالمامسىلەر؟» دېگىن [85] ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى كىم؟» [86] ئۇلار «ئاللاھ» دەيدۇ. «(ئۇنداقتا، سىلەر ئۇنىڭدىن) قورقمامسىلەر؟»① دېگىن [87] ئېيتقىنكى، «ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقى قولىدا بولغان، (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولىدىغان② ۋە (ئۇ ھالاك قىلماقچى بولغان بىرىگە) ئۇنىڭغا قارشى ھېچكىم پاناھ بولالمايدىغان③ زات كىم؟ ئەگەر بىلىدىغان بولساڭلار (ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟!)» [88]. ئۇلار: «ئاللاھ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟»④ [89]. ھەقىقەت شۇكى، بىز ئۇلارغا ھەق سۆزنى كەلتۈردۇق (يەنى يەتكۈزدۇق)، شەكسىزكى، ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر [90].***

① يەنى سىلەر زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى بىر ئاللاھ دەپ ئېتىراپ قىلىسىلەر يەنە ئۇنى ئاسمانلارنىڭ ۋە بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسى دەپ تونۇيسىلەر، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ئىبادەتكە لايىق زاتنىڭمۇ ئەنە شۇ بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن بويۇن تولغايسىلەر؟ ئۇنى يەككە-يېگانە دەپ ئېتىراپ قىلىپ، نېمە ئۈچۈن ئازابىدىن ساقلىنىشقا ئەھمىيەت بەرمەيسىلەر؟

② يەنى ئەگەر ئاللاھ بىر كىشىنى ھىمايە قىلىشنى خالاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ پاناھىغا ئالسا، بىركىم ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟

③ يەنى ئەگەر ئاللاھ بىر كىشىگە زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا، كائىناتتا ئاللاھتىن باشقا ئۇنى زىياندىن ساقلايدىغان بىرەر قۇتقازغۇچى بارمۇ؟ ئاللاھقا قارشى كىم ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالالايدۇ؟

④ يەنى سىلەرنىڭ ئەقلىڭلارغا نېمە بولدى؟ مەزكۇر ھەقىقەتلەرنى بىلىپ ۋە ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئىبادەتتە باشقىلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟ قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ بايانىدىن ئايان بولدىكى، مەككە مۇشرىكلىرى ئاللاھ تائالانىڭ پەرۋەردىگارلىقى، ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، ھەممىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايتتى، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇلار پەقەت تەۋھىدى ئۇلۇھىيەتنى ئىنكار قىلاتتى يەنى ئىبادەتنى پەقەت بىر ئاللاھ ئۈچۈن قىلماي، ئۇنىڭغا باشقىلارنىمۇ شېرىك قىلاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەبۇدلىرىنى ئاسمان-زېمىننى يارىتىشتا ياكى ئۇلارنى باشقۇرۇشتا ئاللاھقا شېرىك دەپ قارىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر خاتا چۈشەنچىگە ئاساسەن شۇنداق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خاتا چۈشەنچىسى بويىچە: بۇ مەبۇدلارمۇ ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى ئىدى، ئۇلار: ئاللاھ تائالا بۇ مەبۇدلارغىمۇ مەلۇم سالاھىيەت ۋە ئىقتىدار بەرگەن، بىز ئۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىمىز، دەيتتى. بۇ خاتا چۈشەنچە ھازىرقى دەۋردە مازاردىكى ئۆلۈكلەرگە چوقۇنغۇچى بىدئەتچىلەردىمۇ تېپىلىدۇ. ئۇلار مەزكۇر خاتا چۈشەنچىگە ئاساسلىنىپ، ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىر بېرىدۇ، سەدىقە قىلىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ھالبۇكى ئاللاھ تائالا ھېچ يەردە، مەن قايسىبىر ئۆلۈپ كەتكەن بۇزرۇك، ۋەلىي ياكى پەيغەمبەرگە ئالاھىدە ئىقتىدار ئاتا قىلدىم، ئۇلار ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىششقا تىرىشىڭلار ياكى ئۇلاردىن

مەدەت تىلەشلار ياكى ئۇلارنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىر قىلىشلار، دېگەن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە ئوچۇقلىدىكى، ﴿بىز ئۇلارغا ھەق سۆزنى كەلتۈردۇق (يەنى يەتكۈزدۇق)﴾ شۇنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردۇقكى، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار يەنە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋاتقان بولسا، بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ دەلىل-پاكىتى بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر-بىرىنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىغا چوقۇنغانلىقىدىن قىلىۋاتقان بولىدۇ. ھەقىقەتتە ئۇلار پاكىتسىز گەپ قىلىدىغان يالغانچىلاردۇر. ئاللاھنىڭ نە بالىسى، نە شېرىكى بولغان ئەمەس. ئەگەر شېرىكى بار دەپ پەرەز قىلىنسا، ھەربىر شېرىك ئۆزىگە تەۋە بولغان مەخلۇقلارنى ئۆزى خالىغان ئۇسۇل بويىچە باشقۇرماقچى بولاتتى. ھەر بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. ھەقىقەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. شۇ ۋەجىدىن كائىناتنىڭ نىزامىدا قالايمىقانچىلىق بولۇپ باقمىغان، بۇندىن كېيىن ھەم بولمايدۇ. كائىنات نىزامىنىڭ رېتىملىق باشقۇرىلىۋاتقانلىقى ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق ئىكەنلىكى، يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بارلىق بىلجىرلاشلىرىدىن پاك ۋە ئۈستۈندۇر.

مَا ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُۥ مِنْ إِلَٰهٍۚ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَٰهِۭ
بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍۚ سُبْحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿٩١﴾
عَٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٩٢﴾ قُل رَّبِّ إِمَّا
تُرِيَنِّي مَا يُوعَدُونَ ﴿٩٣﴾ رَبِّ فَلَا تَجْعَلْنِي فِي ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٩٤﴾
وَإِنَّا عَلَىٰٓ أَن نُّرِيَكَ مَا نَعِدُهُمْ لَقَٰدِرُونَ ﴿٩٥﴾

*ئاللاھ (مەخلۇقاتتىن ھېچبىرىنى) بالا قىلىۋالمىدى، ئەزەلدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باشقا ھېچبىر ئىلاھمۇ بولمىدى. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەربىر ئىلاھ ئەلۋەتتە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن ئۈستۈن كېلەتتى، (كائىناتنىڭ نىزامى بۇزۇلاتتى). ئاللاھ ئۇلارنىڭ*

*سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر [91]. ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر [92]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! ئەگەر سەن ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئازابنى (چۈشۈرۈپ) ماڭا كۆرسەتمەكچى بولساڭ، ئى رەببىم! ئۇ ھالدا مېنى ئۇ زالىم قەۋم ئىچىدە قىلمىغىن»① [93 ـ 94]. بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئازابنى ساڭا كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە قادىرمىز [95].*

① شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بىرەر قەۋمگە سىناق ياكى ئازاب ئەۋەتمەكچى بولساڭ، ئازاب ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى مېنىڭ جېنىمنى ئالغىن». (سۈنەنى تىرمىزى 3235ـھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 5ـتوم، 243ـبەت)

ٱدۡفَعۡ بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ ٱلسَّيِّئَةَۚ نَحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَا يَصِفُونَ ﴿٩٦﴾ وَقُل
رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنۡ هَمَزَٰتِ ٱلشَّيَٰطِينِ ﴿٩٧﴾ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَن
يَحۡضُرُونِ ﴿٩٨﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَهُمُ ٱلۡمَوۡتُ قَالَ رَبِّ ٱرۡجِعُونِ ﴿٩٩﴾
لَعَلِّيٓ أَعۡمَلُ صَٰلِحٗا فِيمَا تَرَكۡتُۚ كَلَّآۚ

*سەن يامانلىققا ئەڭ ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرغىن①، ئۇلارنىڭ (بىز توغرۇلۇق) نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز [96]. ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن② [97]. ئى رەببىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن»③ [98]. ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن [99]. مەن قويۇپ كەلگەن (مال ـ دۇنيا) لىرىم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن»④ دەيدۇ. بۇ (يەنى ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس⑤،*

① يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ياخشى خىسلەت

ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ﴾. (سۈرە ھامىم سەجدە 34-، 35-ئايەتلەر)

② شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەيتاندىن مۇنداق پاناھ تىلەيتتى: «ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ قەست قىلىشىدىن، ۋەسۋەسىسىدىن ۋە كىبىرىسىدىن پاناھ تىلەيمەن» (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 775-ھەدىس، جامى تىرمىزى 242- ھەدىس)

③ شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشنى يەنى «بىسمىللاھ» دېيىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن، چۈنكى ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا شەيتان قاچىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! مەن بەك قېرىپ كېتىشتىن، (تام) بېسىۋېلىپ (ئۆلۈشتىن)، سۇغا چۆكۈپ (ئۆلۈشتىن) ۋە سەكراتتىكى چاغدا شەيتاننىڭ قەست قىلىشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن». (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 1552-ھەدىس) ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، جازاسىدىن، بەندىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا ھەمرا بولۇشىدىن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا سېغىنىمەن. (مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 181-بەت، سۇنەنى ئەبى داۋۇد 3893-ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 3528-ھەدىس)

④ ھەربىر كاپىر ئۆلىدىغان چاغدا، قەبرىدىن تىرىلدۈرۈلۈپ چىقىدىغان چاغدا، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تۇرغاندا ۋە جەھەننەمگە تاشلىنىدىغان چاغدا، دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ مەزمۇن كۆپ ئايەتلەردە بايان قىلىنغان، مەسىلەن: (سۈرە مۇناپىقۇن 10-، 11-ئايەتلەر، سۈرە مۇئمىن 11-، 12-ئايەتلەر، سۈرە سەجدە 12-ئايەت، سۈرە ئىبراھىم 44-ئايەت، سۈرە ئەئراف 53-ئايەت، سۈرە ئەنئام 27-، 28-ئايەتلەر، سۈرە شۇرا 24-ئايەت، سۈرە فاتىر 37 - ئايەت).

⑤ ﴿كَلَّا﴾ قاتتىق رەددىيە بېرىش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇنى دۇنياغا قايتۇرۇش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.

إِنَّهَا كَلِمَةٌ هُوَ قَآئِلُهَاۖ وَمِن وَرَآئِهِم بَرۡزَخٌ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ١٠٠
فَإِذَا نُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَلَآ أَنسَابَ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَئِذٖ وَلَا يَتَسَآءَلُونَ ١٠١
فَمَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ١٠٢ وَمَنۡ خَفَّتۡ
مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فِي جَهَنَّمَ خَٰلِدُونَ ١٠٣
تَلۡفَحُ وُجُوهَهُمُ ٱلنَّارُ

***بۇ ئۇنىڭ قۇرۇق گېپىدۇر① ، ئۇلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ② [100]. سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق رىشتىسى قالمايدۇ، ئۇلار (بىر - بىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ③ [101]. كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى (تارازىدا) ئېغىر كەلسە، ئەنە شۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر [102]. كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى (تارازىدا) يېنىك كەلسە، ئەنە شۇلار ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [103]. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى④ ئوت كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ،***

① بۇ ئىبارىنىڭ بىر مەنىسى: بۇ ھەربىر كاپىرنىڭ جان بېرىدىغان ۋاقىتتا دەيدىغان گېپىدۇر. ئىككىنچى مەنىسى: بۇ ئۇلارنىڭ ئەمەل قىلمايدىغان قۇرۇق گېپىدۇر. ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلسىمۇ، يەنىلا ھېچ ياخشى ئەمەل قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ دېگىنى شۇ پېتى قالىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ئېيتقاندەك: ﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار يالغانچىلاردۇر﴾. (سۈرە ئەنئام 28-ئايەت) قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كاپىرنىڭ دۇنيا قايتىشنى ئارزۇ قىلىشىدا بىز ئۈچۈن مۇھىم ساۋاق بار. كاپىر ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ياكى جەمەتىنىڭ قېشىغا بېرىشنى كۆزلەپ، دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ، بەلكى ياخشى ئەمەل قىلىۋېلىشنى كۆزلەپ دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا قىيامەتتە ئۇلاردەك ئارزۇدا بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ھاياتلىقنىڭ ھەربىر دەقىقىلىرىنى غەنىيمەت بىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپرەك قىلىۋېلىشىمىز لازىم. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ ۋە توسۇپ تۇرىدىغان نەرسە بەرزەخ (يەنى توسما) دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيا ھاياتى بىلەن ئاخىرەت ھاياتىنى ئايرىپ تۇرىدىغان جاي، يەنە بىر ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا توختايدىغان بىكەت بۇ يەردە بەرزەخ دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ. ئاخىرەت ھاياتى بولسا بارلىق ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلگەندە ئاندىن باشلىنىدۇ. بۇ ئارىلىقتىكى قەبرىدە ياكى قۇشلارنىڭ قورسىقىدا ياكى جەستى كۆيدۈرۈلگەن ئەھۋالدا، تۇپراق ئارىسىدا ئۆتىدىغان ھايات – بەرزەخ ھاياتىدۇر. ئىنساننىڭ جىسمى قەيەردە بولسۇن ۋە قايسى شەكىلدە بولسۇن، توپىغا ئايلىنىپ، تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتكەن بولسۇن ياكى كۆلگە ئايلاندۇرۇلۇپ، شامالغا سورىۋېتىلگەن بولسۇن ياكى دەرياغا تاشلاپ ئېقىتىۋېتىلگەن بولسۇن ۋە ياكى ھايۋانغا يەم بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ھەممىگە ئاللاھ تائالا يېڭى بىر جىسىم ئاتا قىلىپ، مەھشەر مەيدانىغا توپلايدۇ.

③ قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن دەسلەپتە شۇنداق بولىدۇ، كېيىن بىر-بىرلىرىنى تونۇيدۇ ۋە ئۆزئارا سۆزلىشىپ، ھال-ئەھۋال سورىشىدۇ.

④ بۇ يەردە يۈزنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى ئۇنىڭ ئىنسان جىسمىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە شەرەپلىك بىر ئەزا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بولمىسا، جەھەننەمنىڭ ئوتى يۈزنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جىسمىنى ئوراپ ئالىدۇ.

وَهُمۡ فِيهَا كَٰلِحُونَ ١٠٤ أَلَمۡ تَكُنۡ ءَايَٰتِي تُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَكُنتُم
بِهَا تُكَذِّبُونَ ١٠٥ قَالُواْ رَبَّنَا غَلَبَتۡ عَلَيۡنَا شِقۡوَتُنَا وَكُنَّا قَوۡمٗا
ضَآلِّينَ ١٠٦ رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا مِنۡهَا فَإِنۡ عُدۡنَا فَإِنَّا ظَٰلِمُونَ ١٠٧ قَالَ
ٱخۡسَـُٔواْ فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ ١٠٨ إِنَّهُۥ كَانَ فَرِيقٞ مِّنۡ عِبَادِي يَقُولُونَ
رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ١٠٩
فَٱتَّخَذۡتُمُوهُمۡ سِخۡرِيًّا حَتَّىٰٓ أَنسَوۡكُمۡ ذِكۡرِي وَكُنتُم مِّنۡهُمۡ
تَضۡحَكُونَ ١١٠ إِنِّي جَزَيۡتُهُمُ ٱلۡيَوۡمَ بِمَا صَبَرُوٓاْ أَنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ ١١١

جەھەننەمدە ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئىچىلىپ (بەتچىراي بولۇپ) قالىدۇ① [104]. (ئۇلارغا) «سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇلۇپ بېرىلگەن، (ئەمما) سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟» (دېيىلىدۇ) [105]. ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! بەتبەختلىكىمىز② بىزگە غالىب كېلىپ، ئازغۇن قەۋم بولۇپ قالغان ئىكەنمىز [106]. ئى رەببىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە (كۇفرىغا) قايتساق، ئۇ چاغدا بىز راستىنلا (ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز) ئۇۋال قىلغان بولىمىز» [107]. ئاللاھ ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خارلانغان ھالدا قېلىڭلار، (بۇ ھەقتە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار» [108]. شەكسىزكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دەيتتى [109]. سىلەر بولساڭلار ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتىڭلار، ھەتتا بۇ ئىش سىلەرگە مېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇلدۇردى (يەنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ماڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۇنتۇدۇڭلار)، سىلەر (ھەمىشە) ئۇلاردىن (يەنى ئۇلارنىڭ ماڭا بويسۇنۇشلىرىنى زاڭلىق قىلىپ) كۈلەتتىڭلار [110]. ئۇلار (سىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەن بۈگۈن ئۇلارنى مۇكاپاتلىدىم. شەكسىزكى، ئۇلار مۇراد ـ مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر③ [111].

① ﴿كَٰلِحُونَ﴾ كالپۇكلىرى تارتىشىپ قىسقارغانلىقتىن چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغان دېگەن مەنىدە. كالپۇك چىشنى ئوراپ تۇرغان كىيىمنىڭ ئورنىدا بولۇپ، جەھەننەمنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ كەتكەنلىكتىن تارتىشىپ، قىسقىراپ چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ چىرايى سەتلىشىپ، قورقۇنچلۇق بولۇپ قالىدۇ.

② ئىنساننىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغان ھاۋايى-ھەۋەس ۋە شەھۋەت بۇ ئايەتتە بەدبەختلىك دەپ ئىپادىلەندى. چۈنكى ئۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى ھەمىشە بەدبەختلىك بولىدۇ.

③ دۇنيادا مۆئمىنلەرگە شۇنداق ئېغىر سىناقلار كېلىدۇكى، ئۇلار دىن

ۋە ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلسا، دىنىنى بىلمەيدىغان، ئىمانىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ. ئۇلارنى زاڭلىق قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرىۋالىدۇ. بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەر باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقۇپ، ئاللاھنىڭ خېلى كۆپ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. مەسىلەن: ساقالنى مەسخىرە قىلسا، ساقال قويمايدۇ، ھىجابنى ئەيىبلىسە، ھىجاب ئارتمايدۇ، ھەتتا توي مۇراسىملىرىنىمۇ غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزىدۇ ۋەھاكازا... ئەمما شۇنداق تەلەيلىك كىشىلەر باركى، باشقىلارنىڭ ئەيىبلەش ۋە مەسخىرىلىرىگە پەرۋا قىلمايدۇ. ھەر ھالەتتە ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشتىن بۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ﴾. (سۈرە مائىدە 55-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بۇ ئايەتتە بايان قىلغاندەك، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنى ئەبەدىي بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلغىن.

قَٰلَ كَمۡ لَبِثۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ عَدَدَ سِنِينَ ﴿١١٢﴾ قَالُواْ لَبِثۡنَا يَوۡمًا أَوۡ
بَعۡضَ يَوۡمٖ فَسۡـَٔلِ ٱلۡعَآدِّينَ ﴿١١٣﴾ قَٰلَ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗاۖ لَّوۡ أَنَّكُمۡ
كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿١١٤﴾ أَفَحَسِبۡتُمۡ أَنَّمَا خَلَقۡنَٰكُمۡ عَبَثٗا وَأَنَّكُمۡ إِلَيۡنَا
لَا تُرۡجَعُونَ ﴿١١٥﴾ فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ ٱلۡمَلِكُ ٱلۡحَقُّۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ ٱلۡعَرۡشِ
ٱلۡكَرِيمِ ﴿١١٦﴾

***ئاللاھ (ئازابلىغۇچى پەرىشتىلەرگە ئەمەس، ئازابلىنىۋاتقانلارغا) ئەمەس*** 

**ئاللاھ (ئازابىنكىلەردىن): «سىلەر يەر يۈزىدە قانچىلىك تۇردۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ [112]. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (بۇنى) ھېسابلاپ تۇرغۇچىلاردىن سورىغىن» دەيدۇ (ئۇلار دوزاختا چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇيدۇ)① [113]. ئاللاھ: «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنە تۇردۇڭلار» دەيدۇ② [114]. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر بىزنى ، ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك، ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان،**

***جازامىۇ بەرمەيدىغىان قىلىپ ياراتتىى) ۋە ئۆزۈڭلارنىى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغىا قايتۇرۇلمايمىز، دەپ ئويىلاپ قالدىڭلارمىۇ؟ [115]. ھەقىقىي پادىشاھ ــ ئاللاھ ئۇستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر③، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر④ [116].***

① «ھېسابلاپ تۇرغۇچىلار» دېگەندىن ئىنسانىنىڭ نامە-ئەمالى ۋە ئۆمرىنى يېزىشقا مەسئۇل پەرىشتىلەر ياكى ھېسابنى ياخشى بىلىدىغان ئىنسانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن ئۇلارنىڭ دۇنيادا كۆرگەن راھەت-پاراغەتلىرى ئېسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار دۇنيادا خۇددى بىر كۈن ياكى يېرىم كۈن تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار: بىر كۈن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز تۇردۇق، پەرىشتىلەردىن ياكى ھېساب بىلىدىغانلاردىن سوراپ باققىن، دەيدۇ.

② ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھايات ھەقىقەتتە دۇنيادىكى ھاياتقا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئازدۇر. لېكىن سىلەر دۇنيادا ئۇنىڭ باقاسىزلىقىنى (ناھايىتى قىسقا چەكلىك ھايات ئىكەنلىكىنى) بىلمىدىڭلار. كاشكى سىلەر يوقىلىپ كېتىدىغان دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى بىلگەن بولساڭلار، بۇگۈن سىلەرمۇ مۇئمىنلەردەك نىجاتلىققا ۋە بەختكە ئېرىشكەن بولاتتىڭلار.

③ يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھېچبىر مەقسەتسىزلا بىكار يارىتىشتىن پاك ۋە ئۇستۈندۇر. سىلەرنى نېمە خالىساڭلار شۇنى قىلىدىغان، سىلەردىن ھېچ ھېساب ئېلىنمايدىغان قىلىپ ياراتقىنى يوق. بەلكى، ئۇ سىلەرنى بىر ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ مەقسەت بولسا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتۇر. شۇڭا كېيىنكى ئايەتتە دېيىلدىكى، ئىبادەتكە لايىق زات ئاللاھتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد ياكى ئىلاھ يوقتۇر.

④ بۇ يەردە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ سۈپىتى بايان قىلىندى، چۈنكى رەھمەت ۋە بەرىكەتلەر ئەنە شۇ ئەرشتىن نازىل بولىدۇ.

وَمَن يَدۡعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ لَا بُرۡهَٰنَ لَهُۥ بِهِۦ فَإِنَّمَا حِسَابُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦٓۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿١١٧﴾ وَقُل رَّبِّ ٱغۡفِرۡ وَٱرۡحَمۡ

وَأَنتَ خَيْرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١١٨﴾

***كىمكى ھېچقانداق دەلىلى يوق تۇرۇقلۇق، ئاللاھقا قوشۇپ يەنە بىر ئىلاھقا چوقۇنىدىكەن، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ① [117]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دېگىن [118].***

① بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت-سائادەت دېگەن ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن نىجات تېپىشتۇر. دۇنيانىڭ مال-مۈلكىگە ۋە باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىشنىڭ ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت-سائادەت ئەمەس. بۇ نەرسىلەرگە دۇنيادا كاپىرلارمۇ ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ نىجات تاپالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ھەقىقىي بەخت-سائادەت مۇئمىنلەرگە نېسىپ بولىدىغان ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەتتۇر. دۇنيادىكى مال-مۈلۈكنىڭ كۆپ بولۇشى بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەنلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى مال-مۈلۈك مۇئمىن ۋە كاپىر دەپ ئايرىلماستىن ھەممىگە بېرىلىدۇ.

# سۈرە نۇر

| (٢٤) سورة النور مدنية ٦٤ آية | (24) سۈرە نۇر مەدىنىدە چۈشكەن 64 ئايەت |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سُورَةٌ أَنزَلۡنَـٰهَا وَفَرَضۡنَـٰهَا وَأَنزَلۡنَا فِيهَآ ءَايَـٰتِۭ بَيِّنَـٰتٍ لَّعَلَّكُمۡ
تَذَكَّرُونَ ۝١ ٱلزَّانِيَةُ وَٱلزَّانِي فَٱجۡلِدُواْ كُلَّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا مِاْئَةَ جَلۡدَةٖۖ

***(بۇ) بىز نازىل قىلغان① ۋە (كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان بىر سۈرىدۇر. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدا (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق [1]. (ئۆيلەنمىگەن) زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەربىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار②،***

★ سۈرە نۇر، سۈرە ئەھزاب، سۈرە نىسا قاتارلىق ئۈچ سۈرىدە ئائىلىلەرگە خاس مەسىلىلەر ۋە ئىجتىمائىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار تەپسىلىي بايان قىلىندۇ.

① قۇرئان كەرىمدىكى ھەممە سۈرىلەرنى ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان لېكىن مەزكۇر سۈرىنىڭ بېشىدا بۇ ئىبارىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۇنىڭدا

بايـان قىلىنغـان ئەھكاملارنـىڭ زور ئەھمىيەتكـە ئىگـە ئىكەنلىكىنـى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

② پاھىشـە قىلغۇچىغـا ئىسـلامنىڭ دەسـلەپكى دەۋرىـدە ۋاقىتلىـق بىـر جـازا بەلگىلەنگـەن بولـۇپ، ئـۇ جـازا سـۈرە نىسـانىڭ 15-ئايىتىـدە بايـان قىلىنـدى. ئۇنىڭـدا، پاھىشـە قىلغـان ئاياللارغـا مۇقىـم بىـر جـازا بەلگىلەنگـەنگـە قـەدەر ئۇلارنـى ئۆيگـە بەنـد قىلىـپ ساقلاشـقا، ئەمـر قىلىنغـان ئىـدى. ئاندىـن كېيىـن سـۈرە نۇرنىـڭ بـۇ ئايىتـى نازىل بولـۇۋىدى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېـدى: «ئاللاھ تائـالا ۋەدىسـى بويىچـە زىنـا قىلغـان ئـەر ۋە ئايالغـا مۇقىـم جـازا بەلگىلىـدى، سىلەر ئۇنى (يەنـى ئـۇ ھۆكۈمنـى) مەندىـن ئۆگىنىۋېلىڭلار، ھەقىقەتـەن ئاللاھ تائـالا زىنـا قىلىـپ سالغانلارغا بىـر چىقىـش يولـى بـەردى. ئۆيلەنمىگـەن ئـەر بىلـەن ياتلىـق بولمىغـان ئايـال زىنـا قىلىـپ قالسـا، جـازالاش يۈزىسـدىن ئۇلارنـى 100 دەررە ئـۇرۇش ۋە بىـر يىـل پالاشـتۇر. ئۆيلەنگـەن ئـەر بىلـەن ياتلىـق بولغـان ئايـال زىنـا قىلىـپ قالسـا، جـازالاش يۈزىسـدىن ئۇلارنـى 100 دەررە ئـۇرۇش بىلـەن چالمـا - كېسـەك قىلىـپ ئۆلتۈرۈشـتۇر» دېـدى. (سـەھىھ مۇسـلىم، 1690-ھەدىـس) پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام بـۇ ھۆكۈمنـى تەدبىقـلاپ، ئۆيلەنگـەن تـۇرۇپ، زىنـا قىلغانلارغـا چالما-كېسـەك قىلىـش جازاسـى بـەردى. 100 دەررە ئـۇرۇش (كىچىـك جـازا) چـوڭ جـازا بىلـەن بىرلەشـتۈرۈلدى. شـۇنىڭ بىلـەن ئۆيلەنگـەن تـۇرۇپ زىنـا قىلغانلارغـا پەقـەت چالمـا - كېسـەك قىلىـش جازاسـى بېرىدىغـان بولـدى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام زامانىدىـن كېيىـن توغـرا يـول تۇتقـان خەلىپىلـەر ۋە ساھابىلەرمۇ ئوخشـاش جازالاش ئۇسـۇلىنى قوللانـدى. ئۇلاردىـن كېيىـن كەلگـەن بارلىـق فۇقۇھـا ۋە ئۆلىمالارمـۇ ئۇنىـڭ توغرىلىقىنـى تەسـتىقلاپ كەلـدى. پەقـەت خاۋارىجـلار بـۇ جازانـى ئىنـكار قىلـدى. ھازىرمـۇ بـۇ جازانـى ئىنـكار قىلىدىغـان بىـر قىسـىم كىشـىلەر مەۋجـۇت. بۇنـى ئىنـكار قىلىـش ھەدىسـنى ئىنـكار قىلىشـتىن كېلىـپ چىققـان، چۈنكـى، چالما-كېسـەك قىلىـش سـەھىھ ۋە ناھايىتـى كۈچلـۈك ھەدىسـلەر بىلـەن ئىسـپاتلانغان. بـۇ ھەدىسـلەرنى رىۋايـەت قىلغۇچىلارنىـڭ كۆپلۈكىدىـن ئۆلىمـالار ئـۇ ھەدىسـلەرنى مۇتەۋاتىـر دەرىجىدىكـى ھەدىسـلەر قاتارىغـا كىرگۈزگـەن. شـۇ ۋەجىدىـن ھەدىسـنىڭ دەلىل-پاكىتلىقىغـا ھەمـدە شـەرىئەتنىڭ مەنبەسـى ئىكەنلىكىگـە ئىشـەنگەن ئـادەم چالما-كېسـەك قىلىـش جازاسىنى ھەرگىـز ئىنـكار قىلمايدۇ.

وَلَا تَأۡخُذۡكُم بِهِمَا رَأۡفَةٞ فِي دِينِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ
وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۖ وَلۡيَشۡهَدۡ عَذَابَهُمَا طَآئِفَةٞ مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٢ ٱلزَّانِي
لَا يَنكِحُ إِلَّا زَانِيَةً أَوۡ مُشۡرِكَةٗ وَٱلزَّانِيَةُ لَا يَنكِحُهَآ إِلَّا زَانٍ أَوۡ
مُشۡرِكٞۚ وَحُرِّمَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٣

***ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەر بولساڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدا (ھۆكۈم ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماڭلار (يەنى رەھىم قىلماڭلار)①، ئۇلارنى جازالىغاندا مۇئمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن② [2]. زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرگىلا تېگىدۇ③، ئۇ (يەنى زىنا) مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى [3].***

① بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىن يۈرگۈزمەكچى بولغان جازانى ئىجرا قىلماي قالماڭلار. ئىنساندا تەبىئىي پەيدا بولغان ئىچ ئاغرىتىش ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسان تەبىئىتىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان رەھىمدىللىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

② جازالاشتىكى ئەسلىي مەقسەت كەڭ دائىرىدە كۆپ كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىشتۇر. ئەپسۇسكى ھازىرقى دەۋردە ئومۇمغا ئىبرەت بولسۇن دەپ ئېلىپ بېرىلىدىغان جازالارنى ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ دەپ جار سالىدىغانلار چىقىۋاتىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي جاھالەتكە قايتقانلىق، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىققانلىق، ئۆزى بېشىمچىلىق قىلىپ ئىنسانلارغا ئاللاھتىنمۇ مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولىۋالغانلىقتۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالادىنمۇ مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ھېچكىم يوقتۇر.

③ بۇ ئايەتنى چۈشىنىشتە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش بار:

1- بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھۆكۈم ئومۇمىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقاندا شۇنداق بولىدۇ، دېمەك ئىستىلى بۇزۇق ئۇلار ئومۇمەن

ئۆزىگە ئوخشاش ئىستىلى بۇزۇقلارنى تاپىدۇ. ئەمەلىيەتتە زىناخورلار كۆپىنچە پاھىشەلەر بىلەن توي قىلىشنى ياقتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت مۇسۇلمانلارنى چوڭ گۇناھ ۋە قەبىھ قىلمىش بولغان زىنادىن ئاگاھلاندۇرۇش. شۇنىڭدەك زىناخورلار بىلەن توي قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى ۋە چەكلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر. ئىمام شەۋكانى بۇ قاراشنى ئەڭ توغرا دەپ قارىدى. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر بۇ قاراشنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ساھابىلەردىن بىرى پاھىشە ئايال بىلەن نىكاھلىنىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ كەلگەندە، بۇ ئايەت نازىل بولغان، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى پاھىشە بىلەن نىكاھلىنىشتىن چەكلىگەن. بەزى ئۆلىمالار بۇنى دەلىل قىلىپ، ئەر ئۆزى بىلەن زىنا قىلغان ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشى ياكى ئايال ئۆزى بىلەن زىنا قىلغان ئەرگە نىكاھلىنىشى جايىز ئەمەس، دەيدۇ. ئەمما ئۇلار چىن دىلىدىن تەۋبە قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى جايىز بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

2ـ بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى نىكاھ دېگەن سۆزدىن ھەممىگە مەلۇملۇق نىكاھ كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن جىما كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەقسەت زىنانىڭ سەت ۋە ناشايان قىلمىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. دېمەك ئىستىلى بۇزۇق ئەر ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى ھارام يول بىلەن قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىستىلى بۇزۇق ئايالنى تاپىدۇ، شۇنىڭدەك ئىستىلى بۇزۇق ئايالمۇ ئىستىلى بۇزۇق ئەرنى تاپىدۇ. شۇڭا مۆئمىنلەرگە ئۇنداق قىلىش يەنى زىنا قىلىش ھارام قىلىندى. بۇ يەردە مۇشرىك ئەر ۋە مۇشرىك ئايالنىڭ تىلغا ئېلىنىشى شۇ ۋەجىدىنكى، شېرىكمۇ زىناغا ئوخشاش كېتىدىغان بىر گۇناھتۇر، خۇددى مۇشرىك ئاللاھنى قويۇپ، باشقا نەرسىلەرگە ئېگىلگەنىدەك، زىناخورمۇ ئايالىنى قويۇپ، ئايالمۇ ئېرىنى قويۇپ، باشقىسى بىلەن ئېزىزتىنى بۇلغايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن مۇشرىك بىلەن زىناخورنىڭ ئارىسىدا ماھىيەت جەھەتتىن بىر خىل مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىش تېپىلىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ثُمَّ لَمۡ يَأۡتُواْ بِأَرۡبَعَةِ شُهَدَآءَ فَٱجۡلِدُوهُمۡ

ثَمَٰنِينَ جَلۡدَةٗ وَلَا تَقۡبَلُواْ لَهُمۡ شَهَٰدَةً أَبَدٗاۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ٤ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٥

*ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئادالەتلىك) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەربىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئىپپەتلىك ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى سادىرى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر)① [4]. شۇنىڭدىن كېيىن تەۋبە قىلغان② ۋە (قىلمىشلىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئىپپەتلىك ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار). چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر (ئۇلارنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ) [5].*

① بۇ ئايەتتە بوھتان چاپلاشنىڭ جازاسى بايان قىلىنىدى. كىمكى بىر ئىپپەتلىك ئايال ياكى بىر پاك ئەرگە زىنا قىلدى دەپ بوھتان چاپلىسا، (شۇنىڭدەك بىر ئايال پاك بىر ئەرنى ياكى ئايالنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىسا)، سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە تۆت ئادالەتلىك گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىسە، ئۇنىڭغا ئۈچ تۈرلۈك ھۆكۈم بايان قىلىنىدى. بىرىنچىسى: ئۇنىڭغا سەكسەن قامچا ئۇرۇلىدۇ. ئىككىنچىسى: ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى مەڭگۈ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۈچىنچىسى: ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پاسىق دەپ قارىلىدۇ.

② تەۋبە قىلىش بىلەن قامچا جازاسى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ. مەيلى ئۇ تەۋبە قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن ھەر ھالەتتە جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما

قالغان ئىككى ھۆكۈم يەنى ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن پاسىقلىق سۈپىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت. بەزى ئۆلىمالار: ئەگەر ئۇ تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭدىن پەقەت «پاسىق» دېگەن سۈپەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە «پاسىق» دېگەن سۈپەتمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دەيدۇ. ئىككىنچى قاراشنى ئىمام شەۋكانى ئەڭ توغرا دەپ قارايدۇ. ئۇ ﴿أَبَدًا﴾ (ھەرگىز) نىڭ مەنىسىنى «مَادَامَ قَاذِفًا «(ئۇلار تۆھمەت چاپلاشتا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) دېگەن ئىبارە بىلەن باغلاپ بايان قىلدى. يەنى ئۇ قارىلاش ۋە تۆھمەت چاپلاشنى داۋام قىلىدىغانلا بولسا، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلماڭلار، ئەگەر تەۋبە قىلسا، قوبۇل قىلىڭلار، بۇ خۇددى «كاپىرنىڭ گۇۋاھلىقى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېيىلسە، بۇ يەردىكى «ھەرگىز» نىڭ مەنىسى ئۇ كاپىر ھالىتىدىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېگەننى بىلدۈرگەندەك، ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ أَزۡوَٰجَهُمۡ وَلَمۡ يَكُن لَّهُمۡ شُهَدَآءُ إِلَّآ أَنفُسُهُمۡ فَشَهَٰدَةُ أَحَدِهِمۡ أَرۡبَعُ شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٦﴾ وَٱلۡخَٰمِسَةُ أَنَّ لَعۡنَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِ إِن كَانَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٧﴾ وَيَدۡرَؤُاْ عَنۡهَا ٱلۡعَذَابَ أَن تَشۡهَدَ أَرۡبَعَ شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٨﴾ وَٱلۡخَٰمِسَةَ أَنَّ غَضَبَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَآ إِن كَانَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٩﴾

*ئاياللىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچىلىرى بولمىغان ئەرلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەربىرى (سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن ۋە ئۆزىدىن تۆھمەت جازاسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن) ئۆزىنىڭ راستچىللاردىن ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلىپ، بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر مەن يالغانچىلاردىن بولسام، ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن»*

***دەپ گۇۋاھلىق بەرسۇن① [7 ـ 6]. (قارىلانغان) ئايال ئېرىنىڭ يالغانچىلاردىن ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچىپ، بەشىنچى قېتىمدا، «ئەگەر ئۇ راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى بولسۇن» دەپ ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىشى (ئۇنىڭدىن زىنانىڭ) جازاسىنى توسۇپ قالىدۇ② [8 ـ 9].***

① بۇ ئايەتتە ئۆزىگە لەنەت تىلەش مەسىلىسى بايان قىلىنىدى، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىر ئەر ئۆز ئايالىنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى كۆرگەن بولسا، بۇ ئىشقا ئۇ ئۆزى گۇۋاھچى بولسىمۇ، زىناخورغا شەرىئەتتە بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تۆت ئەرنىڭ گۇۋاھلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئەر ئۆزىدىن باشقا يەنە ئۈچ ئەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىسە، ئۇ ئايالغا جازا ئىجرا قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنداق ئىستىلى بۇزۇق ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەرىئەت مۇنداق يولىيورۇق بېرىدۇ: بۇ ئەر مەھكىمىگە ياكى ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئايالىنى قارىلىغان سۆزىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچىدۇ، ئەگەر ئايال ھامىلە بولسا ياكى تۇغقان بولسا، بالا مېنىڭ ئەمەس دەپ تۆت قېتىم قەسەم ئىچىدۇ، بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن» دەيدۇ.

② يەنى ئېرىنىڭ قەسىمىگە جاۋابەن، ئەگەر ئايالى ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچىپ، ئېرىنى ئۆزىگە چاپلىغان بوھتانىدا يالغانچى دېسە، بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر ئۇ دېگەن گېپىدە راستچىل بولسا (ۋە مەن يالغانچى بولسام)، ماڭا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى بولسۇن» دېسە، بۇ ئەھۋالدا ئۇ زىنانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەر بىلەن ئايالىنىڭ نىكاھى بۇزۇلىدۇ. بۇ ئەرگە ئۇ ئايالنى ئېلىش مەڭگۇ ھارام بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىگە لەنەت تىلەش دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇنىڭدا ھەر ئىككىسى ئۆزىنى يالغان ئېيتقان بولساق، لەنەتكە لايىقمىز دەپ قەسەم ئىچىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇشۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەن، ئۇلارنىڭ

تەپسىلاتى ھەدىس كىتابلىرىدا مەۋجۇت. ئەنە شۇ ۋەقەلەر بۇ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى بولغان.

وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ وَأَنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ حَكِيمٌ ﴿١٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ جَآءُو بِٱلْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِّنكُمْ

***ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىغان بولسا①، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولمىغان بولسا ئىدى (ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلاتتى، جازاغا تېگىشلىك بولغانلارنى ئۆز ۋاقتىدا جازالىغان بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن سىلەر مۇشەققەتتە قالاتتىڭلار) [10]. شۈبھىسىزكى، (ئائىشەگە) بۇ (چوڭ) بوھتاننى② چاپلىغانلار سىلەردىن بىر گۇرۇھتۇر③.***

① بۇ شەرتنىڭ جاۋابى ئايەتتىن قالدۇرۇلغان، ئۇ بولسىمۇ، سىلەردىن سادىر بولغان بوھتان سەۋەبىدىن دەرھال ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن بولاتتى. ئۇ زات تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى ھەم ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرىنچىدىن: سىلەرنىڭ ئەيىبىڭلارنى ياپتى، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر ۋەقەدىن كېيىن كىم چىن دىلدىن تەۋبە قىلسا، ئۇنى ئۆز پەزلى-مەرھەمىتىگە ئېلىشنى ئىرادە قىلدى. ئىككىنچىدىن: ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن غورۇرلۇق ئەركەكلەرگە «لەنەت تىلەش» ھۆكمىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى ئاسان، ئەقىلغا مۇۋاپىق بىر تەدبىرنى كۆرسىتىپ بەردى.

② ﴿اِفْكِ﴾ دېگەندە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇناپىقلار تەرىپىدىن بوھتان چاپلانغان ۋەقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار بوھتان ئارقىلىق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىپپىتىگە ۋە ئىززەت-شەرىپىگە داغ تەككۈزمەكچى بولۇشقان ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقى ھەققىدە مەخسۇس ئايەت نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ پاك ۋە ئىپپەتلىك ئايال ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ ۋەقەنىڭ قىسقارتىلمىسى تۆۋەندىكىچە: ئايالىلارنىڭ ھىجابلىنىشى

ھەققىدىكى ھۆكۈم چۈشكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن بەنى مۇستەلىق (مۇرەيسىئ) غازىتىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى مەدىنىگە يېقىن بىر جايدا ئارام ئېلىشقا بۇيرىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئەتىگەن سەھەردىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن قوزغىلىشقا بۇيرۇق بەردى. مەن ھاجەت قىلىش ئۈچۈن، يىراقىراق بىر يەرگە باردىم. مەن قايتىپ كېلىپ قارىسام، مەيدەمدىكى بۇلاپكام چۈشۈپ قاپتۇ. مەن قايتىپ بېرىپ ئۇنى ئىزدەيمەن دەپ، كېچىكىپ قالدىم. ئۇنى تېپىپ كەلسەم، كىشىلەر مېنىڭ كاجۇۋامنى مېنى ئىچىدە بار دەپ ئويلاپ، تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ كېتىپ بولۇپتۇ. مەن، كىشىلەر مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىر ئازدىن كېيىن سېزىپ مېنى ئالغىلى كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ ئورنۇمدا ئولتۇردۇم. مەن ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، كارۋاننىڭ چۈشۈپ قالغان نەرسىلىرىنى يىغىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل سەلمى كېلىپ قالدى، ئۇ مېنى كۆرۈپلا تونۇپ ﴿إِنَّا لله وَإِنَّـا إِلَيْـهِ رَاجِعُـوْنَ﴾ دېدى، ئۇ مېنى مەن ھىجابلىنىشتىن بۇرۇن كۆرگەن ئىدى. مەن ئويغىنىپ، يۈزۈمنى كىيىمىم بىلەن يۆگىدىم. ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ، بەردى، مەن تۆگىگە مىندىم. ئۇ تۆگىنى يېتىلەپ پىيادە ماڭدى. بىز چۈش ۋاقتىغىچە كارۋانغا يېتىشىۋالدۇق». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئايرىم كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مۇناپىقلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئايرىم كېلىشىدە چوقۇم بىر سەۋەب بار دەپ، ئۇلار ھەققىدە پىتنە-ئىغۋا تارقاتتى، ھالبۇكى بۇ ئىككىسى ئۇ ئىغۋالاردىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. بەزى ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارمۇ مۇناپىقلارنىڭ پىتنە-ئىغۋالىرىدىن تەسىرلىنىپ قالدى، ئۇلار ھەسسان، مىستەھ ئىبنى ئەساسە ۋە ھىمنە بىنتى جەھشلەر ئىدى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر ئايغىچە يەنى ئاللاھ تائالا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل قىلغۇچە غەمكىن يۈردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئىشنىڭ تېگى تەكتىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئىزتىراب ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزدى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەنى قىسقا ھەم ئىخچام بىر شەكىلدە بايان قىلدى. «اِفْكٌ»نىڭ ئەسلىي مەنىسى، بىر نەرسىنى تەتۈر ئۆرۈش دېمەكتۇر. بۇ ۋەقەدە مۇناپىقلار ئىشنى تەتۈرگە ئۆرۈۋەتكەن ئىدى يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېسىل نەسەب، يۈكسەك ئەخلاق ۋە ئابرۇي ئىگىسى بولغانلىقتىن مەدھىيىگە لايىق ئىدى، لېكىن زالىملار ئۇنىڭ

پاك ۋە ئىپپەتلىك ۋۇجۇدىغا بوھتان تىغلىرىنى سانجىدى.

③ ﴿عُصۡبَةٞ﴾ بىر گۇرۇھ، بىر جامائە مەنىسىدە كېلىدۇ. چۈنكى جامائە بىر-بىرىنى قوللاپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

لَا تَحۡسَبُوهُ شَرّٗا لَّكُمۖ بَلۡ هُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۚ لِكُلِّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُم مَّا
ٱكۡتَسَبَ مِنَ ٱلۡإِثۡمِۚ وَٱلَّذِي تَوَلَّىٰ كِبۡرَهُۥ مِنۡهُمۡ لَهُۥ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿١١﴾
لَّوۡلَآ إِذۡ سَمِعۡتُمُوهُ ظَنَّ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ بِأَنفُسِهِمۡ خَيۡرٗا
وَقَالُواْ هَٰذَآ إِفۡكٞ مُّبِينٞ ﴿١٢﴾ لَّوۡلَا جَآءُو عَلَيۡهِ بِأَرۡبَعَةِ شُهَدَآءَۚ فَإِذۡ
لَمۡ يَأۡتُواْ بِٱلشُّهَدَآءِ فَأُوْلَٰٓئِكَ عِندَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلۡكَٰذِبُونَ ﴿١٣﴾

***بۇنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يامانلىق (پايدىلىق) دەپ ھېسابلىماڭلار، بەلكى (سەۋر قىلغانلىقىڭلار سەۋەبلىك ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر (پايدىلىقتۇر)①. بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (باشلامچى بولۇپ) بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىغا مەسئۇل بولغان ئادەم② قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [11]. بوھتاننى ئاڭلىغان ۋاقىتىڭلاردا ئەر - ئايال مۇئمىنلەر بىر - بىرىگە قارىتا نېمىشقا ياخشى ئويلاردا بولۇپ، «بۇ ئېنىق بوھتاندۇر» دېمىدى؟③ [12]. ئۇلار نېمىشقا تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچىلاردۇر [13].***

① چۈنكى، بىرىنچىدىن: سىلەرنىڭ چەككەن ئەزىيەت ۋە روھىي ئازابلىرىڭلارغا كاتتا ساۋاب بېرىلىدۇ. ئىككىنچىدىن: ئاسماندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئاقلاپ چۈشكەن بۇ ئايەت ئۇنىڭ پاكلىقى، ئائىلىسىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى تېخىمۇ نامايەن قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇنىڭدا ئەھلى ئىمان ئۈچۈن خېلى كۆپ ئىبرەت، نەسىھەت ۋە ساۋاقلار بار.

② بۇ «ئادەم» بوھتاننى تارقىتىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان ۋە پىتنىگە ئوت ياققان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىدى.

③ بۇ ئايەتتىن باشلاپ مەزكۇر ۋەقە ئۈزۈ ئىچىگە ئالغان تەربىيە ۋە ساۋاقلار بايان قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: ئەھلى ئىمان بىر تەنگە ئوخشاش تۇرسا، ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان بوھتاننى ئاڭلىغان چاغدا، بۇ بوھتاننى ئۆزلىرىگە قىلىنغان تۆھمەت دەپ قاراپ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا دەرھال رەددىيە بەرمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئوپئوچۇق بوھتان دەپ ئىپادە بىلدۈرمىدى؟

وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ لَمَسَّكُمۡ فِي
مَآ أَفَضۡتُمۡ فِيهِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ١٤ إِذۡ تَلَقَّوۡنَهُۥ بِأَلۡسِنَتِكُمۡ وَتَقُولُونَ
بِأَفۡوَاهِكُم مَّا لَيۡسَ لَكُم بِهِۦ عِلۡمٞ وَتَحۡسَبُونَهُۥ هَيِّنٗا وَهُوَ
عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمٞ ١٥ وَلَوۡلَآ إِذۡ سَمِعۡتُمُوهُ قُلۡتُم مَّا يَكُونُ لَنَآ أَن
نَّتَكَلَّمَ بِهَٰذَا سُبۡحَٰنَكَ هَٰذَا بُهۡتَٰنٌ عَظِيمٞ ١٦

*سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەر تارقاتقان بۇ بوھتان ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار [14]. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار، سىلەر ئۇنى كىچىك ئىش دەپ قارىدىڭلار، ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھتۇر [15]. سىلەر نېمىشقا ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، (ئى ئاللاھ!) سەن پاكتۇرسەنكى، «بۇ چوڭ بوھتاندۇر» دېمىدىڭلار؟① [16].*

① ئىككىنچىسى: مۇئمىنلەرگە دېيىدىكى: بۇ بوھتان ئۈچۈن ئۇلار بىر گۇۋاھچىمۇ كەلتۈرمىدى، ۋەھالەنكى، ئۇلار تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرۈشى لازىم ئىدى، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇلار بۇ بوھتانچىلارنى يالغانچى دېمىدى. شۇڭا بۇ ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن ھەسسان، مىستەھ ئىبنى

ئەساسە ۋە ھىمنە بىنتى جەھش (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم) لەرگە بوھتان چاپلاش جازاسى بېرىلدى.(مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد 6-توم، 35-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 3181-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4475-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 2567- ھەدىس) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە جازا بېرىلمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن: ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان چوڭ ئازاب كۇپايە دەپ قارالدى. ئىككىنچىدىن: ئۇنىڭ ئارقىسىدا قوللىغۇچىلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنى جازالاشتىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرگە قارشى تۇرۇش ئۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇشكۈل ئىدى، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشتىكى مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا جازا بېرىشتىن ساقلاندى. مۇئمىنلەرگە جازا بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنى دۇنيادىلا جازالاپ، گۇناھتىن پاك قىلىش ئىدى. (فەتھۇلقەدىر)

ئۈچىنچىسى: مۇئمىنلەرگە دېيىلدىكى، سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، ئاڭلىغان ئىغۋانى تەكشۈرمەستىنلا باشقىلارغا تارقاتقان قىلمىشىڭلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولۇشقا سەۋەب بولاتتى. دېمەك ئىغۋا توقۇش ۋە ئۇنى باشقىلارغا تارقىتىشمۇ چوڭ گۇناھلار جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسان چوڭ ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ.

تۆتىنجىسى: بۇ بىۋاستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىگە ۋە ئۇنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى، لېكىن سىلەر ئۇنىڭ راست-يالغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىدىڭلار، بۇ ئىشنى ئاددىي چاغلاپ، ئۇنىڭغا يەڭگىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلدىڭلار. ئۇنىڭدىن يەنە مۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغانكى، جازاسى يۈز دەررە ياكى چالما-كېسەك قىلىش بولغان ئىپپەت-نومۇسقا تېگىشلا چوڭ گۇناھ ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە قايسىبىر ئىپپەتلىك ئائىلىنىڭ شان-شەرىپىگە نۇقسان يەتكۈزۈش ۋە ئازار بېرىشمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى چوڭ گۇناھتۇر. ئۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماڭلار. شۇڭا تۆۋەندىكى ئايەتتە تېخىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېيىلدى: سىلەر ئىغۋانى ئاڭلىغان ھامان نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن بۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىشى دۇرۇس ئەمەس، شەكسىزكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر، دېمىدىڭلار؟ شۇ ۋەجىدىن ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: قانداق بىر مۇسۇلمان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا پاھىشە دەپ بوھتان چاپلىسا، ئۇ كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانى ۋە قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. (تەپسىلاتىنى بىلمەك ئۈچۈن ئەيسەر تەپاسىرغا قارالسۇن)

يَعِظُكُمُ ٱللَّهُ أَن تَعُودُواْ لِمِثۡلِهِۦٓ أَبَدًا إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٧﴾ وَيُبَيِّنُ
ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن
تَشِيعَ ٱلۡفَٰحِشَةُ فِي ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي ٱلدُّنۡيَا
وَٱلۡأٓخِرَةِۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿١٩﴾ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ
عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ وَأَنَّ ٱللَّهَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٠﴾

***ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر (راستتىنلا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولساڭلار، ھەرگىز قايتا بۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار [17]. ئاللاھ سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلەرنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ (بەندىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنىڭ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، (تەدبىر قوللىنىشتا ۋە شەرىئەتنى بەرپا قىلىشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [18]. مۆئمىنلەر ئارىسىدا (تۆھمەت ۋە زىنا بىلەن قاربلاشقا ئوخشاش) بۇزۇقچىلىقنىڭ① تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شەكسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر [19]. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى②، ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىبان (بولمىسا ئىدى)، (ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى ئەلۋەتتە جازالىغان بولاتتى) [20].***

① ﴿فَاحِشَةُ﴾نىڭ مەنىسى ھاياسىزلىق، نومۇسسىزلىق، بۇزۇقچىلىق دېمەكتۇر. قۇرئان كەرىم زىنانىمۇ ﴿فَاحِشَةُ﴾ «قەبىھ ئىش» دەپ ئاتىدى. (سۈرە ئىسرا 32-ئايەت) ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پاھىشىگە مۇناسىۋەتلىك بىر يالغان خەۋەرنى تارقىتىشنىمۇ ﴿الْفَاحِشَةُ﴾ دەپ ئاتىدى ۋە بۇ قىلمىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن ئىسلامنىڭ ھاياسىزلىققا قارىتا تۇتقان مەيدانى ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. دېمەك ھاياسىزلىق ھەققىدىكى بىر يالغان خەۋەرنى تارقىتىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شۇ قەدەر ئېغىر جىنايەت بولسا، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە كېچە-كۈندۈز تېلېۋىزور، رادىئو، ئېنتېرنېت

قاتارلىق مېدىيا ۋاستىلىرىدا كىنو-فىلىم، دىرامىلار ئارقىلىق ھاياسىزلىق تارقىتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قانداق بولار؟ بۇ نەرسىلەرنى توردىن تورغا يۆتكىگەنلەرنىڭ جىنايىتى نەقەدەر ئېغىر بولار؟ ئەنە شۇنداق مېدىيا ئورگانلىرىدا ئىشلىگەن خىزمەتچىلەر ھاياسىزلىق تارقاتقان جىنايەتكە بىز شېرىك ئەمەس دېيەلەمدۇ؟ شۇنىڭدەك ئۆيلىرىگە تېلىۋىزور قويۇپ، ئەۋلادلىرىغا ھاياسىزلىق تارقىتىۋاتقان كىشىلەرمۇ، بۇزۇقچىلىق تارقاتقان گۇناھكار بولماي قالارمۇ؟ يەنە ھاياسىزلىق ۋە مۇنكەرگە تولغان گېزىت-ژۇرناللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ ژۇرناللارنى ئۆيگە ئېلىپ كىرگەنلىكمۇ بۇزۇقچىلىق تارقىتىشقا سەۋەبچى بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ھېس قىلىپ، بۇ ھاياسىزلىق ئاپىتىنى توختىتىش ئۈچۈن قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشقان بولسىكەن كاشكى.

② بۇ شەرتنىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان، ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەرنى ئوراپ ئالغان بولاتتى. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولغانلىقتىن خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلدى.

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ وَمَن يَتَّبِعۡ
خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِ فَإِنَّهُۥ يَأۡمُرُ بِٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِۚ وَلَوۡلَا فَضۡلُ
ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ مَا زَكَىٰ مِنكُم مِّنۡ أَحَدٍ أَبَدٗا وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ
يُزَكِّي مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢١﴾ وَلَا يَأۡتَلِ أُوْلُواْ ٱلۡفَضۡلِ
مِنكُمۡ وَٱلسَّعَةِ أَن يُؤۡتُوٓاْ أُوْلِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ فِي
سَبِيلِ ٱللَّهِۖ وَلۡيَعۡفُواْ وَلۡيَصۡفَحُوٓاْۗ أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَكُمۡۚ
وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿٢٢﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ ئىشلارغا (يەنى قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە)، يامان ئەمەللەرگە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى،***

***سىلەردىن ھېچكىم مەڭگۈ پاك بولالمايتتى، لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ①، ئاللاھ (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [21]. ئاراڭلاردا مەرتىۋىلىك ۋە دۆلەتمەن بولغانلار يېقىن تۇغقانلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟② ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [22].***

① بۇ ئايەتتە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىشتىن چەكلەپ بولغاندىن كېيىن دېيىلدىكى، ئەگەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچكىم گۇناھلاردىن پاك بولالمىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، مەزكۇر بوھتان ۋەقەسىگە چېتىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالغانلار پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بولغان پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن ساقلىنىپ قالدى. بولمىسا، ئۇلارمۇ بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردەك جىنايەتكە ئارىلىشىپ قالغان بولاتتى. شۇڭا شەيتاننىڭ دامىغا چۈشمەسلىك ئۈچۈن، بىرىنچىدىن: ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ تۇرۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىڭلار. ئىككىنچىدىن: خاراكتېرى ئاجىز بولغانلىقتىن شەيتانغا ئالدىنىپ قالغانلارغا كۆپ مالامەت قىلماڭلار، بەلكى ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىپ، مۇلايىم ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىڭلار.

② بوھتان ۋەقەسىگە چېتىلىپ قالغان مىستەھ مۇھاجىرلار ئىچىدىكى كەمبەغەل بىر كىشى ئىدى. ئۇ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھامىمىسىنىڭ بالىسى ئىدى. شۇڭا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كېيىل ئىدى. ئۇنىڭمۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلىغانلارنىڭ قاتارىدا بولغانلىقىنى بىلگەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق غەزەبكە كەلدى، تەبىئىكى ئۇنىڭ قىلمىشى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاتتىق ئېغىر كەلگەن ئىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقى ھەققىدە ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ئاچچىغىدا مىستەھكە ياردەم قىلماسلىققا قەسەم ئىچتى. ئۇنىڭ

ئىچكەن قەسىمى گەرچە ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ياقتۇرمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ سىددىقلىق سۈپىتى ئېخىمۇ يۈكسەك پەزىلەتلىك بولۇشنى تەقەززا قىلاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ ئالدىراقسانلىق بىلەن ئالغان قەدىمىگە ناھايىتى گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بەردىكى، سىلەردىن خاتالىقلار سادىر بولۇپ تۇرىدۇ، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ خاتالىقلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىپ تۇرىشىنى خالايسىلەر-يۇ، نېمە ئۈچۈن ئۆزئارا بىر-بىرىڭلارنى ئەپۇ قىلمايسىلەر؟ ﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟﴾ دېدى. بۇ باياندىكى ئۇسلۇب شۇ قەدەر تەسىرلىك بولدىكى، بۇنى ئاڭلىغان ھامان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «نېمىشقا ياقتۇرمايمىز؟ ئەلۋەتتە ياقتۇرىمىز، ئى رەببىمىز! بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى ئەلۋەتتە ياقتۇرىمىز» دەپ، ئىختىيارسىز تۈۋلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىچكەن قەسىمىگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، مىستەھكە قىلىپ كېلىۋاتقان ماددىي ياردىمىنى ئىلگىرىكىدەك داۋاملاشتۇردى. (فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر)

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡغَٰفِلَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ لُعِنُواْ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ٢٣ يَوۡمَ تَشۡهَدُ عَلَيۡهِمۡ أَلۡسِنَتُهُمۡ وَأَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٢٤ يَوۡمَئِذٖ يُوَفِّيهِمُ ٱللَّهُ دِينَهُمُ ٱلۡحَقَّ وَيَعۡلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ ٱلۡمُبِينُ ٢٥ ٱلۡخَبِيثَٰتُ لِلۡخَبِيثِينَ وَٱلۡخَبِيثُونَ لِلۡخَبِيثَٰتِۖ وَٱلطَّيِّبَٰتُ لِلطَّيِّبِينَ وَٱلطَّيِّبُونَ لِلطَّيِّبَٰتِۚ

***(يامان ئىشلاردىن) بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆئمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار① [23]. شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇستىدىن ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ② [24]. شۇ كۈندە ئاللاھ***

*ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى (ئادالەت بىلەن) تولۇق بېرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ بەرھەقلىقىنى (ۋە ھەق ـ ئادالەتنى) ئوتتۇرىغا چىقارغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ [25]. ناپاك ئاياللار ناپاك ئەرلەرگە لايىقتۇر، ناپاك ئەرلەر ناپاك ئاياللارغا لايىقتۇر، پاك ئاياللار پاك ئەرلەرگە لايىقتۇر، پاك ئەرلەر پاك ئاياللارغا لايىقتۇر③،*

① بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتارلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا خاس دەپ ئېلىپ، بۇ ئايەتتە مەخسۇس ئۇلارغا قارا چاپلاشنىڭ جازاسى بايان قىلىندى. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارغا قارا چاپلىغانلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېدى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى خاس ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي دەپ قارىدى، چۈنكى بۇنىڭدا يۇقىرىدىكى زىنا بىلەن بوھتان چاپلاشقا بېرىلىدىغان جازا بايان قىلىندى. ئەگەر قارا چاپلىغۇچى مۇسۇلمان بولسا، بۇ يەردىكى لەنەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇ زىنا بىلەن بوھتان چاپلاشقا بېرىلىدىغان جازاغا لايىق بولغان بولىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەپرىتىگە دۇچار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قارا چاپلىغۇچى كاپىر بولسا، ئېنىقكى، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەلئۇن يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

② قۇرئان كەرىمدىكى باشقا ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەردىمۇ بۇ نۇقتىنى بايان قىلىدۇ.

③ بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى تەرجىمىدە بايان قىلىنغان ئۇقۇمغا ئوخشايدۇ. بۇ ئەھۋالدا ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بىلەن مەنىداش بولىدۇ. بۇ ئۇقۇمغا ئاساسەن ﴿اَلْخَبِيْثُوْنَ﴾ زىناخور ئەرلەر، ﴿اَلْخَبِيْثٰتِ﴾ پاھىشە ئاياللار، ﴿اَلطَّيِّبُوْنَ﴾ پاك ئەرلەر، ﴿اَلطَّيِّبٰتُ﴾ پاك ئاياللار دېگەن مەنىدە بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، «يامان سۆزلەر يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان سۆزلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى سۆزلەرگە لايىقتۇر. ياخشى سۆزلەر ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر». دېمەك يامان سۆز قىلىش ئەسلىدە يامان ئەرلەر ۋە يامان ئاياللارنىڭ ئىللىتىدۇر. ياخشى سۆز قىلىش ياخشى ئەرلەر ۋە پاك ئاياللارنىڭ

خىسلىتىدۇر. بۇ ئايەت يەنە «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈستىدىن گەپ تاپقانلار ناپاك ئادەملەردۇر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاك دەپ تونۇغانلار پاك ئادەملەردۇر»، دېگەن ئۇقۇمغا ئىشارە قىلىدۇ.

أُوْلَٰٓئِكَ مُبَرَّءُونَ مِمَّا يَقُولُونَۖ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ٢٦ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدْخُلُواْ بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّىٰ تَسْتَأْنِسُواْ وَتُسَلِّمُواْ عَلَىٰٓ أَهْلِهَاۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ٢٧

***ئەنە شۇلار باشقىلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار① [26]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار②، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئۈمىدكى، سىلەر (بۇنىڭدىن) ۋەز - نەسىھەت ئالغايسىلەر③ [27].***

① بۇنىڭدىن مۇئمىنلەرگە تەييارلانغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردىكى ئېسىل رىزىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② ئىلگىرىكى ئايەتلەردە زىنا قىلىش ۋە بوھتان چاپلاشقا بېرىلىدىغان جازالار بايان قىلىنغان ئىدى. ئەمدى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدا ئارىلىشىش بولمىسۇن دەپ، ئاللاھ تائالا ئۆيلەرگە كىرىشنىڭ ئەدەب-ئەخلاقلىرىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىششى كۆپ ھاللاردا زىنا ياكى بوھتانغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. «اِسْتِيْنَاسٌ»نىڭ مەنىسى ئالدىن مەلۇمات ئېگەللەش، بىلىش يەنى ئۆيدە كىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى شەخس كىرىشكە رۇخسەت بەرمىگۈچە كىرمەڭلار. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿تَسْتَأْنِسُوا﴾ نى تەرجىمىدە كەلگەندەك «تَسْتَأْذِنُوْا» «ئىجازەت سورىمىغۇچە» دېگەن مەنىدە ئالىدۇ. بۇ ئايەتتە كىرىشكە ئىجازەت سوراش ئالدىدا، سالام قىلىش كېيىن تىلغا ئېلىنغان. لېكىن ھەدىسلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال سالام قىلغان، ئاندىن كىرىشكە ئىجازەت سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق گۈزەل ئەخلاقى بار ئىدىكى، ئۈچ

قېتىم ئىجازەت سورايتتى. ئەگەر ھېچقانداق جاۋاب چىقمىسا، قايتىپ كېتەتتى. ئىجازەت سورىغاندا ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرماي، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياكى سول تەرىپىدە تۇراتتى، چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئۆيلەرنىڭ پەردىلىرى يوق ئىدى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغاندا نامەھرەمگە كۆزى چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى». (سەھىھۇل بۇخارى 6245-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 3-توم، 422-بەت، سۈنەن ئەبى داۋۇد 5185-، 5186-ھەدىس) «رۇخسەتسىز ئۆيۈڭگە كۆز تاشلىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە تاش ئېتىپ، كۆزىنى قويۇۋەتسەڭمۇ ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 6902-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2158-ھەدىس) جابىر مۇنداق دېگەن: مەن دادامنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەرز توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىشىكنى قاقتىم. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كىم؟» دېدى. مەن: بۇ مەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى بۇ سۆزنى يامان كۆرگەندەك: «مەن! مەن!» دېدى». (سەھىھۇل بۇخارى 6250-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2155-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 5187-ھەدىس) ئايان بولدىكى، «مەن» دېمەي ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش كېرەك.

③ يەنى بۇنىڭغا ئەمەل قىلغايسىلەر. دېمەك رۇخسەت سوراپ، سالام قىلغاندىن كېيىن كىرىش تۇيۇقسىز كىرگەندىن ياخشىدۇر. بۇ كىرگۈچى ئۈچۈنمۇ ۋە ئۆي ئىگىسى ئۈچۈنمۇ ياخشىدۇر.

فَإِن لَّمْ تَجِدُوا۟ فِيهَآ أَحَدًا فَلَا تَدْخُلُوهَا حَتَّىٰ يُؤْذَنَ لَكُمْ ۖ وَإِن
قِيلَ لَكُمُ ٱرْجِعُوا۟ فَٱرْجِعُوا۟ ۖ هُوَ أَزْكَىٰ لَكُمْ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ
عَلِيمٌ ﴿٢٨﴾ لَّيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَدْخُلُوا۟ بُيُوتًا غَيْرَ مَسْكُونَةٍ
فِيهَا مَتَـٰعٌ لَّكُمْ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا تَكْتُمُونَ ﴿٢٩﴾ قُل
لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا۟ مِنْ أَبْصَـٰرِهِمْ وَيَحْفَظُوا۟ فُرُوجَهُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَزْكَىٰ
لَهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا يَصْنَعُونَ ﴿٣٠﴾ وَقُل لِّلْمُؤْمِنَـٰتِ يَغْضُضْنَ مِنْ
أَبْصَـٰرِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ

*ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم تاپالمىساڭلار، سىلەرگە*

*ئىجازەت بېرىلمىگۈچە ئۇ ئۆيلەرگە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، شۇ ھامان قايتىپ كېتىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پاكلىقتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [28]. تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان ـ سارايلارغا ئوخشاش) ئىچىدە سىلەرگە مەنپەئەتلىك ئىشلار بار ئۆيلەرگە (ئىجازەت سورىماي) كىرىشىڭلاردا①، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىدۇ② [29]. (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، نەزىرىنى تۆۋەن قىلسۇن (يەنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن)③، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن④، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پاكلىقتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر [30]. مۇئمىن ئاياللارغىمۇ ئېيتقىنكى، نەزىرىنى تۆۋەن قىلسۇن (يەنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن)، ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىسۇن (يەنى ئېپپىتىنى ساقلىسۇن)⑤،*

① بۇ ئايەتتە قانداق ئۆيلەرگە رۇخسەتسىز كىرىشكە بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: مېھمانلار ئۈچۈن ئالاھىدە ھازىرلاپ قويغان ئۆيلەرگە كىرىشتە ساھىبخانىنىڭ دەسلەپكى رۇخستى كۇپايە قىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىمدا رۇخسەت سورىماي كىرسىمۇ بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: مۇساپىرلار چۈشىدىغان مېھمانخانىلارغا كىرگەندە ياكى سودا مەركىزى ۋە تىجارەت ئورۇنلىرىغا رۇخسەت سورىماي كىرىۋەرسىمۇ بولىدۇ. ﴿مَتَاعٌ﴾ دېگەن مەنپەئەت، پايدىلىنىدىغان نەرسە ـ كېرەك بار ئۆي مەنىسىدە. يەنى سىلەر پايدىلىنىدىغان نەرسە بار ئۆيگە رۇخسەتسىز كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر.

② بۇ ئايەتتە باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە مەزكۇر ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلمايدىغان كىشىلەرگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار.

③ ئاللاھ تائالا باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا ئىجازەت سورايدىغانلارمۇ كۆزلىرىنى كونترول قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى كۆزنى يۇمۇش، نەزىرىنى تۆۋەن تۇتۇش ۋە نامەھرەملەرگە قارىماسلىققا ئەمر قىلدى.

④ يەنى ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلىسۇن ياكى ئۇنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يېپىپ ساقلىسۇن. بۇ ئىككى خىل ئۇقۇم مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسى بولالايدۇ، چۈنكى ھەر ئىككىسى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كۆزنى نامەھرەمدىن ساقلاش باشتا تىلغا ئېلىنىدى. چۈنكى، كۆزنى ساقلاشتىكى ئېھتىياتسىزلىق ئەۋرەتنى ساقلىيالماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

⑤ ئاياللارمۇ نامەھرەمگە قارىماسلىق ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاشتا ئالدىنقى ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرەتتى. چۈنكى، ئۇ بۇيرۇق بارلىق مۇئمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى يەنى مۇئمىن ئاياللارمۇ مەزكۇر ئومۇمىي بۇيرۇقنىڭ ئاستىغا كىرەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە بۇ يەردە ئاياللارغا ئايرىم بۇيرۇق بېرىلدى، بۇ قايتا تەكىتلەش مەزكۇر ھۆكۈمنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قارىشى چەكلەنگەنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە قارىشى مۇتلەق چەكلەنگەن، دېدى. بەزى ئۆلىمالار: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت كۈنى مەسجىدنىڭ سەيناسىدا نەيزىلىرى بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقان ھەبەشلەرنىڭ ئويۇننى كۆردى. ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن توسۇپ تۇراتتى. ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆردى». ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنى پاكىت قىلىپ تۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارىشى دۇرۇس، ئەمما شەھۋەت نەزىرى بىلەن قاراش دۇرۇس ئەمەس، دېدى.

وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا ۖ وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَىٰ جُيُوبِهِنَّ ۖ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ ءَابَآئِهِنَّ أَوْ ءَابَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَآئِهِنَّ أَوْ أَبْنَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَٰنِهِنَّ أَوْ بَنِىٓ

***كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاشقى زىننەتلىرىدىن① باشقا زىننەتلىرىنى② ئاشكارا قىلمىسۇن، ياغلىقلىرى بىلەن بويۇن ۋە كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن (يەنى باشلىرىغا سالغان رومال بىلەن باشلىرىنى، چاچلىرىنى، قۇلاقلىرىنى ۋە كۆكرەكلىرىنى ئوراپ، ياتلاردىن***

***يوشۇرسۇن)③، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى④ ئەرلىرىدىن⑤، يا ئاتىلىرىدىن، يا قېينئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن،***

① «كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاشقى زىننەتلىرى» دېگەندىن ئاياللارنىڭ يۈگەش مۇمكىن بولمايدىغان زىننەتلىرى ۋە ئەزالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: بىر نەرسە ئالغان ۋە بەرگەندە قول ۋە قولدىكى بىلەزۈك، ئۈزۈك، خىنە قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى، كۆز ۋە كۆزدىكى سۈرمە ۋە قاشنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى دېگەندەك. زىبۇزىننەتنى ۋە ئىچ كىيىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۈستىگە كېيىدىغان تاشقى كىيىم، پەلتۇ، رومال، ياغلىق قاتارلىقلارمۇ تاشقى زىننەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

② بۇ يەردىكى «زىننەتلىرىنى» دېگەندىن ئاياللارنىڭ ياسىنىش ئۈچۈن تاقايدىغان زىبۇزىننەتلىرى، ئىچ كىيىملىرى ۋە گىرىملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىسلامدا بۇ زىننەتلەرنى ئۆز ئەرلىرىگىلا كۆرسەتسە بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. دېمەك بۇ زىننەتلەرنى يات ئەرلەرگە كۆرسىتىش چەكلەنگەن تۇرسا، ئوچۇق بەدەنلىرىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشكە ئىسلامدا قانداقمۇ رۇخسەت بولسۇن؟ بۇ دەسلەپكى قەدەمدىلا ھارام ۋە چەكلەنگەن بولىدۇ.

③ «بويۇن ۋە كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن» يەنى باش، چاچ، بويۇن، كۆكرەك، قۇلاقنى ياپسۇن. يەنە پاچاق ۋە بىلەكنىمۇ ئوراش لازىم، چۈنكى شەرىئەتتە بۇ ئەزالارنى ئوچۇق قويۇشقا رۇخسەت يوق.

④ مانا بۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىش چەكلەنگەن زىننەتلەر بولۇپ، ئىچ كىيىم، گىرىم ۋە تاقىغان زىننەت بويۇملىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ زىننەتلەر ئادەتتە پەلتۇنىڭ ۋە رومالنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇ چەكلىمىلەر مۇستەسنا قىلىنىپ، زىننەتلەرنى كىملەرگە كۆرسەتسە جايىز بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

⑤ زىننەتنى كۆرسىتىشكە بولىدىغانلارنىڭ بىشىدا ئايالنىڭ ئېرى تۇرىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئايالنىڭ ئېرى ھەممىدىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىدى؟ چۈنكى ئايالنىڭ ھەممە زىننىتى ئېرى ئۈچۈن بولىدۇ، ئەر

ئۈچۈن ئايالنىڭ پۈتۈن جىسمى ھالال بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەھرەملەر، تۇغقانلار ۋە خىزمەتكارلار ھەر ۋاقىت ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ تۇرىدۇ، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى تەبىئىي شەكىلدە مەھرەملەر ئارا جىنسىي مايىللىقمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار شەھۋەت نەزىرى بىلەن قارىمايدىغان بولغاچقا، پىتنىگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىنمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن شەرىئەت ھېچ خەتىرى يوق كىشىلەرنىڭ ۋە مەھرەملەرنىڭ ئالدىدا زىننەتنى ئاشكارا قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ مەھرەملەرنىڭ ئارىسىدا ئانا تەرەپ ۋە ئاتا تەرەپ تاغىلار تىلغا ئېلىنمىدى. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە ئۇلارمۇ ئالدىدا زىننەتنى ئاشكارا قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان مەھرەملەر جۈملىسىدىندۇر. بەزى ئۆلىمالار ئۇلارنى مەھرەملەر قاتارىدىن سانىمايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

إِخۡوَٰنِهِنَّ أَوۡ بَنِيٓ أَخَوَٰتِهِنَّ أَوۡ نِسَآئِهِنَّ أَوۡ مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُنَّ أَوِ ٱلتَّٰبِعِينَ غَيۡرِ أُوْلِي ٱلۡإِرۡبَةِ مِنَ ٱلرِّجَالِ أَوِ ٱلطِّفۡلِ ٱلَّذِينَ لَمۡ يَظۡهَرُواْ عَلَىٰ عَوۡرَٰتِ ٱلنِّسَآءِۖ

***يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن①، يا دىنداش ئاياللاردىن②، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن③، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتكارلاردىن (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋەتى يوقلاردىن)④، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (نارەسىدە) باللاردىن باشقا⑤ كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن،***

① ئاتىغا بوۋا ۋە بوۋىنىڭ دادىسىمۇ كىرىدۇ. بۇ ئۈستى تەرەپتىن ئانا تەرەپ ۋە ئاتا تەرەپ بوۋىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدەك قېيىنئاتىغا ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە چوڭ دادىسى ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بوۋىلىرىمۇ كىرىدۇ. ئوغۇللارغا نەۋرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى چەۋرىلەرمۇ كىرىدۇ. ئېرىنىڭ ئوغۇللىرىغا نەۋرىلىرى، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكىلەرمۇ كىرىدۇ. قېرىنداشلىرى دېگەنگە ئۈچ خىل (ئۆز، ئۆگەي،

ئىملىدەش) قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى نەۋرىلىرىمۇ كىرىدۇ. قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاستىدىكىلەر ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئۈچ خىل (ئۆز، ئۆگەي، ئىملىدەش) ھەمشىرىلەرنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاستىدىكىلەرمۇ كىرىدۇ.

② بۇ يەردىكى »دىنداش ئاياللار« دېگەندىن ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ زىننىتى، ھۆسنى ـ جامالى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەرلىرىگە سۈپەتلەپ بېرىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان مۇسۇلمان ئاياللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە مۇسۇلمان ئاياللار كاپىر ئاياللارنىڭ قېشىدا «زىننەت» ئاتالغان يەرلىرىنى ئېچىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈم ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل قىلىنغان. بەزى مۇپەسسىرلەر »دىنداش ئاياللار« دېگەندىن ئاياللارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ھەر ۋاقىت بىللە تۇرىدىغان ئاياللار مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا ئەر قۇللار ۋە چۆرىلەرمۇ كىرىدۇ، دەيدۇ.

③ بەزى مۇپەسسىرلەر «قول ئاستىدىكى چۆرىلەر» دېگەندىن پەقەت چۆرىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېسە، بەزىلەر: پەقەت ئەر قۇل خىزمەتكارلار، دەيدۇ، بەزىلەر ھەر ئىككىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى ھەدىستىمۇ قولدىن يۈزىنى ياپمىسىمۇ بولىدىغانلىققا دەلىل بار. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4106-ھەدىس) بەزى مۇپەسسىرلەر: قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلار ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن، مۇسۇلمان ۋە كاپىر خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەيدۇ.

④ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنىڭدىن ئۆيدە بىللە تۇرىدىغان، يېمەك ـ ئىچمەكتىن باشقىغا ئېھتىياجى بولمىغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. باشقا مۇپەسسىرلەر: ئۇلار خۇنسا، ئاختا قىلىنغان، بەك قېرىپ كەتكەن ئەرلەردۇر، دېدى. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دېدى: كىمدە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان سۈپەتلەر تېپىلسا، ئۇ مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ، باشقىلار كىرمەيدۇ.

⑤ بالاغەتكە يەتكەن ياكى بالاغەتكە يېتىشكە ئاز قالغان باللار بۇنىڭ سىرتىدا، چۈنكى ئۇلار ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى چۈشىنىدۇ.

وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِن زِينَتِهِنَّ ۚ وَتُوبُوٓا۟ إِلَى
ٱللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٣١﴾ وَأَنكِحُوا۟ ٱلْأَيَٰمَىٰ
مِنكُمْ وَٱلصَّٰلِحِينَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَآئِكُمْ ۚ إِن يَكُونُوا۟ فُقَرَآءَ
يُغْنِهِمُ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٣٢﴾

***يوشۇرۇن زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن①، ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار② [31]. ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ③ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ④ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇل بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇللۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلى - كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ⑤، ئاللاھنىڭ پەزلى - كەرىمى كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [32].***

① ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن. بىلەزۈك، زەنجىر، مۇنجاق قاتارلىق ئىچكى زىننەتلىرىنى ئەرلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، مىدىرلىتىپ ئاۋاز چىقىرىشىمۇ بۇ چەكلىمىگە كىرىدۇ. شۇنداقلا ئاياللار ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلارنى كىيىپ ماڭغاندا چىقىدىغان ئاۋازمۇ زىبۇزىننەتنىڭ ئاۋازىدىن كەم ئەمەس. يەنە ئاياللارنىڭ ئۆيدىن چىققاندا ئەتىر چېچىپ چىقىشى چەكلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەممە كۆز زىنا قىلغۇچىدۇر. قانداق بىر ئايال ئەتىر چېچىپ ئەرلەرگە پۇرىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، زىنا قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ». (سۈنەنى تىرمىزى **2786**-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد **4173**-ھەدىس)

② ھىجابلىنىشقا بۇيرۇق قىلغان بۇ ئايەتتە تەۋبە قىلىشقا ئەمر قىلىشتىن مۇنداق بىر ھېكمەت ۋە بېشارەت ئايان بولىدۇكى، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن سىلەر مەزكۇر ئەھكاملارغا زىت ئىشلارنى كۆپ قىلغان. ئەمدى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن چىن دىلىڭلار بىلەن تەۋبە قىلساڭلار، ھىجاب ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلساڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق

ۋە بەخت-سائادەت سىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ.

③ ﴿الْأَيَامَىٰ﴾ «أَيِّمٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئېرى يوق ئايال دېگەن مەنىدە. بۇنىڭغا توي قىلمىغان قىز، تۇل ئايال ۋە تالاق قىلىنغان ئايالمۇ كىرىدۇ، بويتاق ئەرمۇ «أَيِّمٌ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئايەتتە ۋەلىي بولغۇچىلارغا «بويتاقلارنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇڭلار، نىكاھىنى قىلىپ قويۇڭلار» دېيىلدى. ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىڭلار، دېيىلمىدى. چۈنكى بويتاقلار دېگەن بويتاق ئەرلەر ھەم بويتاق ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئايال كىشى ۋەلىيىنىڭ رۇخسىتى ۋە رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، نىكاھلانسا بولمايدۇ. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2085-ھەدىس) بۇ ھۆكۈمنى ھەدىسلەر تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ. بۇ يەردىكى بۇيرۇق ئىبارىسىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر توي قىلىش ۋاجىب دەيدۇ، بەزىلەر مۇستەھەب دەيدۇ. ئەمما قۇدرىتى يەتكەنلەرگە تەكىتلەنگەن سۈننەت ھەتتا بەزى ئەھۋالدا ۋاجىب دەرىجىسىگە يېتىدۇ. ئەمما قەتئىي توي قىلماسلىق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن چەكلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نىكاھلىنىش مېنىڭ سۈننىتىمدۇر. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مەندىن ئەمەس». (سۈنەنى ئىبنى ماجە 1846-ھەدىس، سەھىھۇل بۇخارى 5063-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1020-ھەدىس)

④ بۇ يەردىكى ﴿الصَّٰلِحِينَ﴾ «ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلار» دېگەندىن قۇل-چۆرىلەرنىڭ ئىماندار سالىھلاردىن بولىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خوجايىن ئۆز قۇلى ۋە چۆرىلىرىنى نىكاھلىنىشقا مەجبۇرلىسا بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ بۇ ھەقتە ھەر خىل قاراش مەۋجۇت، بەزى ئۆلىمالار مەجبۇرلىسا بولىدۇ، دەيدۇ، بەزىلەر بولمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما ناشايان ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقسا، مەجبۇرلىسا، بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، مەجبۇرلاش توغرا ئەمەس. (ئەيسەر تەپاسىر)

⑤ يەنى نوقۇل نامراتلىق، قول ئىلكىدە پۇل-مال بولماسلىق توي قىلىشقا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالا توي قىلغاندىن كېيىن، ئۆز پەزلى-كەرىمى بىلەن يوقسۇزلۇقنى باياشاتلىققا ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۈچ خىل كىشىگە ئاللاھ تائالا چوقۇم ياردەم بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان. 1-ئىپپەتلىك بولۇش نىيىتى بىلەن توي قىلغۇچى، 2-ياخشى نىيەت بىلەن (مەلۇم مىقداردا پۇل تېپىپ بېرىپ، ئازاد بولۇشقا خوجايىنى بىلەن) پۈتۈشكەن قۇل،

3ـ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچى». (سۈنەنى تىرمىزى 1655ـ ھەدىس)

وَلۡيَسۡتَعۡفِفِ ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّىٰ يُغۡنِيَهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَٱلَّذِينَ يَبۡتَغُونَ ٱلۡكِتَٰبَ مِمَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡ فَكَاتِبُوهُمۡ إِنۡ عَلِمۡتُمۡ فِيهِمۡ خَيۡرٗاۖ وَءَاتُوهُم مِّن مَّالِ ٱللَّهِ ٱلَّذِيٓ ءَاتَىٰكُمۡۚ

***ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلى-كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن①، قۇللىرىڭلاردىن (ۋە چۆرىلىرىڭلاردىن مۇئەييەن پۇل تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازادلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن) توختام تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلاردا ياخشىلىقنى (يەنى مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە ۋە ئىشلەشكە قابىل ئىكەنلىكىنى) بايقىساڭلار، ئۇلار بىلەن توختام تۈزۈڭلار②، ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان مال - مۈلۈكتىن (ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغىمۇ بېرىڭلار③،***

① ھەدىستە ياشلار توي قىلىشقا شارائىتى يار بەرگىچە ئىپپەتلىك ياشاش ئۈچۈن، نەپلە روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلغان. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ياشلار جامائەسى! ئىچىڭلاردىكى توي قىلىشقا ئىمكانىيىتى بارلار توي قىلسۇن. چۈنكى، توي قىلىش كۆزنى (نامەھرەمگە قاراتمايدۇ ۋە ئەۋرەتنى (زىنا قىلىشتىن) ساقلايدۇ. توي قىلىشقا ئىمكانىيىتى يوقلار (كۆپ نەپلە) روزا تۇتسۇن. چۈنكى، روزا ئۇنى تىزگىنلەيدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 1905ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1400ـ ھەدىس)

② «مُكَاتَبٌ» دېگەن ئۆز خوجايىنىغا مەلۇم مىقداردا پۇل تېپىپ بېرىش بەدىلىگە ئازادلىققا ئېرىشمەكچى بولغان قۇلنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ياخشىلىقنى بايقىساڭلار﴾ يەنى ئۇلارنىڭ راستچىللىقى ۋە سەمىمىلىكىگە ئىشەنسەڭلار ياكى ئۇلارنىڭ ھۈنىرى ۋە ئىقتىدارىنى بايقىساڭلار، بەلگىلەنگەن پۇلنى تۆلىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنسەڭلار، ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈڭلار. ئىسلام ئېخىمۇ كۆپ ساندىكى قۇللارنىڭ ئازاد بولۇشى

ئۇچۇن، ھەر خىل ئۇسۇل ۋە تەدبىرلەرنى قوللانغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ ئايەتتە خوجايىنلارغا ئالاھىدە تەكىتلەپ، قۇللۇقتىن ئازاد بولۇشنى خالايدىغان قۇللار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشتە تەرەددۇتلەنمەڭلار، شەرتى شۇكى، ئۇلاردا بەلگىلەنگەن پۇل ۋە خىزمەتنى ئادا قىلالىغۇدەك ئىمكانىيەت ۋە قابىلىيەت بولسىلا. بەزى ئۆلىمالار بۇ يەردىكى بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈش خوجايىنلارغا ۋاجىب دەپ قارايدۇ، بەزى ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھۆكمى مۇستەھەب دەپ قارايدۇ.

③ ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، قۇللۇقتىن ئازاد بولۇش ئۇچۇن توختاملاشقان قۇل پۇلغا موھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ كېلىشىمگە ئاساسەن پۇل تۆلەۋاتقان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتەشكە تېگىشلىك پۇلدىن بىر قىسمىنى ئەپۇ قىلىۋېتىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى پۇل-مال ئىگىسى ۋە خوجايىن قىلدى. يەنە ئاللاھ تائالا سۈرە تەۋبىنىڭ **60**-ئايىتىدە زاكات بېرىلىدىغان سەككىز خىل كىشىنى بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى «قۇللارنى ئازاد قىلىش» بولۇپ، دەل مۇشۇنداق قۇللارنى كۆرسىتىدۇ، يەنى قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۇچۇن، زاكاتقا ئايرىغان پۇلدىن بېرىشكە بولىدۇ.

وَلَا تُكۡرِهُواْ فَتَيَٰتِكُمۡ عَلَى ٱلۡبِغَآءِ إِنۡ أَرَدۡنَ تَحَصُّنٗا لِّتَبۡتَغُواْ عَرَضَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَمَن يُكۡرِههُّنَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ مِنۢ بَعۡدِ إِكۡرَٰهِهِنَّ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٣﴾ وَلَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ ءَايَٰتٖ مُّبَيِّنَٰتٖ وَمَثَلٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِكُمۡ وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٣٤﴾ ۞ ٱللَّهُ نُورُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ

*ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلىماڭلار① ، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن شەكسىزكى، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىگە مەجبۇرلانغانلىقى ئۇچۇن، ئاللاھ ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ)② [33]. (ئى ئىمان*

***ئىپتقانىلار!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە (ھەممىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان ئايەتلەرنى، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەردىن مىساللارنى ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتلەرنى نازىل قىلدۇق [34]. ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر③،***

① ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەر پۇل-مالنى دەپلا چۆرىلىرىنى پاھىشىگە مەجبۇرلايتتى، بىچارە چۆرىلەر ئامالسىزلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا داغ تەككۈزۈۋالاتتى. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى بۇنداق قىلمىشتىن چەكلىدى. ﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا﴾ دېگەن ئىبارە ئومۇمىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن «ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىمىسا، پاھىشىگە سالساڭلار بولىدۇ» دېگەن ئۇقۇم مەقسەت قىلىنمايدۇ ھەم ئۇنىڭدىن بۇنداق ھۆكۈم چىقمايدۇ، بەلكى دۇنيانىڭ ئازغىنا پۇل-مېلىنى كۆزلەپ، چۆرىلىرىڭلارنى پاھىشىگە سالماڭلار، دېگەن ھۆكۈم چىقىدۇ ۋە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق يول بىلەن كىرگەن كىرىم ھارامدۇر. بۇنىڭغا ھەدىس كىتابلىرىدا كۆپ دەلىللەر بار.

② يەنى مەجبۇرىي پاھىشىگە سېلىنغان چۆرىلەرنىڭ گۇناھى خوجايىنىغا بولىدۇ يەنى مەجبۇر قىلغۇچىغا بولىدۇ، مەجبۇرلانغۇچىغا گۇناھ بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۇممىتىمدىن قەستەن قىلمىغان، ئۇنتۇلۇپ قېلىپ قىلغان ۋە مەجبۇرلاپ قىلدۇرۇلغان گۇناھلار ئەپۇ قىلىندى». (سۇنەنى ئىبنى ماجە **2043**-ھەدىس)

③ يەنى ئەگەر ئاللاھ بولمىغان بولسا، نە ئاسماندا، نە زېمىندا نۇر بولمىغان بولاتتى. يەنى نە ئاسماندا، نە زېمىندا ھېچكىمگە ھىدايەت نېسىپ بولمىغان بولاتتى. پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى ئاسمان ۋە زېمىننى يورۇتقۇچىدۇر، ئۇنىڭ كىتابى نۇردۇر، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئېسىل سۈپەتلىرى بىلەن) نۇردۇر، يەنى چىراغ ۋە لامپىدىن چىققان نۇر ئىنسانلارنىڭ يوللىرىنى يورۇتقاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ نۇرى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ نۇرى ھاياتنىڭ زۇلمەتلىك يوللىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ ھەمدە توغرا يولغا باشلايدۇ. ھەدىستىمۇ ئاللاھنىڭ نۇر ئىكەنلىكى بايان قىلىندى: «اللَّهُمَّ لَكَ الحَمْدُ، أَنْتَ نُورُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ» «بارلىق ھەمدۇ-سانا ساڭا بولسۇنكى، سەن ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى

كىشىلەرنىڭ نۇرىدۇرسەن». (سەھىھۇل بۇخارى 1120-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 769-ھەدىس) «دىمەك ئاللاھ، ئۇنىڭ زاتى نۇردۇر، ئۇنى توسۇپ تۇرغان پەردە نۇردۇر. ئۇ ھەر قانداق زاھىرىي ۋە مەنىۋى نۇرنى يارىتىقۇچىدۇر. نۇر ئاتا قىلغۇچى، نۇر تەرەپكە ھىدايەت قىلغۇچى پەقەتلا شۇ بىر ئاللاھتۇر. (ئەيسەر تەپاسىر)

مَثَلُ نُورِهِۦ كَمِشْكَوٰةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ ٱلْمِصْبَاحُ فِى زُجَاجَةٍ ٱلزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّىٌّ يُوقَدُ مِن شَجَرَةٍ مُّبَٰرَكَةٍ زَيْتُونَةٍ لَّا شَرْقِيَّةٍ وَلَا غَرْبِيَّةٍ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِىٓءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ نُّورٌ عَلَىٰ نُورٍ يَهْدِى ٱللَّهُ لِنُورِهِۦ مَن يَشَآءُ وَيَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْأَمْثَٰلَ لِلنَّاسِ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٣٥﴾

*ئاللاھنىڭ (مۇئمىن بەندىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراغ قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراغ بولۇپ، چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر. ئۇ چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولغاچقا يېغى سۈزۈك بولىدۇ)، ئۇنىڭ يېغى (سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ①، ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ (ھىدايەت) نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ②، ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) ئىنسانلارغا (مانا مۇشۇنداق) مىساللارنى (ئۇلارنىڭ پەمگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ③، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر .[35]*

① يەنى مەسىلەن: بىر تەكچىدە شىشىنىڭ ئىچىگە سېلىنغان شۇنداق بىر چىراغ بولۇپ، ئۇ چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ سۈزۈك يېغى

بىلەن يورۇتۇلغان، سۈزۈكلۈكىدىن ئوت (سەرەڭگە) تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدىغان شۇنداق سۈپەتلىك ياغ بىلەن يېقىلغان چىراغنىڭ نۇرى تەكچىگە مەركەزلىشىپ، ناھايىتى كۈچلۈك بىر نۇر مەنبەسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەنە شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان دەلىل ۋە پاكىتلارمۇ شۇنداق ئېنىق ۋە روشەنكى، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلغاندەك، بىرى يەنە بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ﴿ئۇ شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس﴾ دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇ زەيتۇن دەرىخى ئەتراپى تۈزلەڭلىك بولغان كەڭ بىر مەيداندا بولۇپ، پەقەت كۈن چىققاندىلا ۋە كۈن كىرىپ كېتىدىغان چاغدىلا كۈن نۇرى چۈشىدىغان جايدا بولماستىن، بەلكى كۈن چىققاندىن تارتىپ تاكى كىرىپ كەتكۈچە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئوچۇق يەردە تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دەرەخنىڭ يېغى سۈزۈك ۋە سۈپەتلىك بولىدۇ. مانا بۇ زەيتۇن دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى پايدىلىق غىزا، ئۇنىڭدىن سىقىپ چىقىرىلغان ماي ئوزۇق ھەم چىراغ ئۈچۈن ياغ بولىدۇ.

② «نۇر» دېگەندىن ئىمان ۋە ئىسلام مەقسەت قىلىنىدۇ يەنى ئاللاھ تائالا كىمنىڭ قەلبىدە ئىمانغا تەلپۈنۈش ۋە ئىزدىنىشنى كۆرسە، ئۇنى نۇر تەرەپكە باشلايدۇ، ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، بۇ نۇر بىلەن ئۇنىڭغا دىن ۋە دۇنيانىڭ بەخت-سائادەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ.

③ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كەلتۈرگەن مىسالدا، ئۆزىنىڭ ئىمان ۋە ئۇنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇن ئالغانلىقىدىن، دىللارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ھەمدە كىمنىڭ ھىدايەتكە لايىق ۋە كىمنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلدى.

فِي بُيُوتٍ أَذِنَ ٱللَّهُ أَن تُرۡفَعَ وَيُذۡكَرَ فِيهَا ٱسۡمُهُۥ يُسَبِّحُ لَهُۥ فِيهَا بِٱلۡغُدُوِّ وَٱلۡأٓصَالِ ﴿٣٦﴾ رِجَالٞ لَّا تُلۡهِيهِمۡ تِجَٰرَةٞ وَلَا بَيۡعٌ عَن ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَإِقَامِ ٱلصَّلَوٰةِ وَإِيتَآءِ ٱلزَّكَوٰةِ يَخَافُونَ يَوۡمٗا تَتَقَلَّبُ فِيهِ ٱلۡقُلُوبُ وَٱلۡأَبۡصَٰرُ ﴿٣٧﴾ لِيَجۡزِيَهُمُ ٱللَّهُ أَحۡسَنَ مَا عَمِلُواْ وَيَزِيدَهُم مِّن فَضۡلِهِۦۗ وَٱللَّهُ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿٣٨﴾

*(ئۇ چىراغ) شۇنداق ئۆيلەردىدۇركى، ئاللاھ تائالا ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈستۈن بولۇشى (يەنى ئۇلۇغلىنىشى) ۋە ئۇ ئۆيلەردە نامىنىڭ ياد ئېتىلىشىنى بۇيرۇدى①، ئۇ ئۆيلەردە (مۇئمىنلەر) ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ② [36]. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى③، نە تىجارەت، نە سودا - سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن، ناماز ئوقۇشتىن ۋە زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. ئۇلار (قورقۇنچتىن) دىللار پاراكەندە ۋە كۆزلەر ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ④ [37]. ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى بويىچە مۇكاپات بېرىشى ۋە ئۆز پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن (ئۇلار شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ). ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ⑤ [38].*

① ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە مۇئمىنىنىڭ قەلبىنى ۋە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىمان، ھىدايەت ۋە ئىلمنى سۈپسۈزۈك شىشىنىڭ ئىچىدىكى سۈزۈك ياغدىن يورۇتۇلغان چىراغقا ئوخشىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇ چىراغنىڭ ئورنىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. بۇ چىراغ شۇنداق ئۆيلەردىدۇركى، ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئۇ ئۆيلەردە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىلىشى بۇيرۇلغاندۇر. ئۇ ئۆيلەر بولسا يەر يۈزىدىكى ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان جاي – مەسجىدلەردۇر. ﴿ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈستۈن بولۇشى (يەنى ئۇلۇغلىنىشى)﴾ دېگەن مەسجىدلەرنىڭ تاملىرىنى ئېگىز قىلىپ سېلىشنىلا ئەمەس، بەلكى مەسجىدلەرنى پاك تۇتۇش، مەسجىدلەردە پايدىسىز سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن يەنە مەسجىدلەرنى ئېگىز بىنالاردەك ھەشەمەتلىك ياساشمۇ مەقسەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى ھەدىسلەردە مەسجىدلەرنى بېزەش ۋە ھەر خىل رەڭلەردە سىرلاش چەكلەنگەن. يەنە بىر ھەدىستە ئۇنداق قىلىش قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر مەسجىد سېلىش بىلەن پەخىرلەنمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ». (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 449-ھەدىس) ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەسجىدلەردە ئېلىم-سېتىم، سودىلىشىش، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىش ھەتتا يوقاپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئېلان قىلىشمۇ

چەكلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار مەسجىدنىڭ ئەسلىي غايە-مەقسىتى بولغان ئىبادەتكە زىت كېلىدۇ. «ئاللاھنىڭ نامىنى ياد ئېتىش» دېگەنگە ئۇنىڭ نامىنى زىكىر قىلىش، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش، پەقەت ئۇنىڭدىنلا مەدەت تىلەشمۇ كىرىدۇ. ﴿مەسجىدلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھقا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار﴾. (سۈرە جىن 18-ئايەت)

② ﴿يُسَبِّحُ﴾ «تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ» يەنى ناماز ئوقۇپ تۇرىدۇ، دېگەن مەنىدە. ﴿الْآصَالِ﴾ «أَصِيْلٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، شام ۋاقتىنى كۆرستىدۇ يەنى دىللىرى ئىمان ۋە ھىدايەت نۇرى بىلەن نۇرلانغان مۇئمىنلەر مەسجىدلەردە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ ئەتىگەن-ئاخشامدا ناماز ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ.

③ گەرچە ئاياللارنىڭ – خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي، ئاددىي-ساددا كىيىملەر بىلەن، ھىجابلانغان ھالدا ئۆيدىن چىقىش شەرتى بىلەن – مەسجىدلەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇشى جايىز بولسىمۇ، ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مەسجىدى نەبەۋىيگە نامازغا كەلگىنىدەك، ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئاياللارنىڭ نامازنى ئۆيدە ئوقۇشى ئەۋزەل، دېدى. ھەدىسلەردىمۇ شۇنداق بايان قىلىندى. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 570-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 297-ھەدىس)

④ يەنى قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ۋەھىمە ۋە دەھشەتتىن ھەممە ئادەم قورقۇنچ ئىچىدە قالىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا دىللار (قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىۋالىدۇ، ئۇلار قايغۇ-ھەسرەتكە تولىدۇ﴾. (سۈرە مۇئمىن 18-ئايەت) دەسلەپتە بۇ خىل ئەھۋال ھەممە كىشىلەردە، مۇئمىنلەردىمۇ ۋە كاپىرلاردىمۇ يۈز بېرىدۇ.

⑤ قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى نەچچە ھەسسە يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. نۇرغۇن مۇئمىنلەر جەننەتكە ھېسابسىز كىرگۈزىلىدۇ. ئۇ جەننەتتىكى نېمەتلەرنىڭ موللىقى، لەززىتى، ئېسىللىقى ۋە تۈرىنىڭ كۆپلىكىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَعۡمَٰلُهُمۡ كَسَرَابِۭ بِقِيعَةٖ يَحۡسَبُهُ ٱلظَّمۡـَٔانُ مَآءً

حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَهُۥ لَمۡ يَجِدۡهُ شَيۡـًٔا وَوَجَدَ ٱللَّهَ عِندَهُۥ فَوَفَّىٰهُ حِسَابَهُۥۗ
وَٱللَّهُ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿٣٩﴾ أَوۡ كَظُلُمَٰتٖ فِي بَحۡرٖ لُّجِّيّٖ يَغۡشَىٰهُ مَوۡجٞ
مِّن فَوۡقِهِۦ مَوۡجٞ مِّن فَوۡقِهِۦ سَحَابٞۚ ظُلُمَٰتُۢ بَعۡضُهَا فَوۡقَ بَعۡضٍ
إِذَآ أَخۡرَجَ يَدَهُۥ لَمۡ يَكَدۡ يَرَىٰهَاۗ وَمَن لَّمۡ يَجۡعَلِ ٱللَّهُ لَهُۥ نُورٗا فَمَا
لَهُۥ مِن نُّورٍ ﴿٤٠﴾

***كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى خۇددى تەشنا ئادەم (يىراقتىن) سۇ دەپ ئويلاپ قالىدىغان، يېنىغا كەلسە (سۇدىن) ھېچبىر ئەسەر تاپالمايدىغان باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشاشتۇر. (قىيامەت كۈنى) ئۇ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ①، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر [39]. ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرغان چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقلارغا ئوخشايدۇ. مانا بۇ قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇنداق قاراڭغۇلۇقلاردا قالغان ئادەم) قولىنى چىقارسا، ئۇنى كۆرەلمەيدۇ②، ئاللاھ كىمگە نۇر ئاتا قىلمىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ نۇر بولمايدۇ③ (يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ) [40].***

① ﴿اَعۡمَالُ﴾ دېگەندىن مۇشرىكلار ۋە كاپىرلار ئۆزلىرىچە ياخشى ئەمەل دەپ قىلىدىغان سەدىقە، ساخاۋەت، سىلە ـ رەھىم، بەيتۇللاھنىڭ تەمىناتى، ھاجىلارنىڭ خىزمىتى قاتارلىق ئەمەللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿سَرَابٍ﴾ دېگەن چاقناپ تۇرغان قۇم بولۇپ، قوياشنىڭ نۇرىدا سۇدەك كۆرۈنىدۇ، ﴿سَرَابٍ﴾ ئەسلىدە ئېقىپ تۇرغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئېقىپ تۇرغان سۇدەك كۆرۈنگەن قۇم ﴿سَرَابٍ﴾ دەپ ئاتالغان. ﴿قِيۡعَةٍ﴾ «قَاعٍ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، زېمىننىڭ سۇ توختايدىغان ئويمان يەرلىرى ياكى باياۋان ۋە تۈزلەڭلىك مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مىسالى بولۇپ، سەرابقا ئوخشاش يىراقتىن سۇدەك كۆرۈنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ قۇمدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش كاپىرلارنىڭ ئەمانى

بولمىغانلىقتىن ئەمەللىرىنىڭ ھېچ ۋەزنى ۋە ئېتىبارى بولمايدۇ، ئۇلارغا ساۋابمۇ بېرىلمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغاندا بارلىق قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىنى تولۇق بېرىدۇ.

② بۇ ئىككىنچى مىسالدا كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرى قاراڭغۇلۇقلارغا ئوخشىتىلدى. دېمەك ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى مەيلى سەرابقا ئوخشىتىلسۇن ياكى قاراڭغۇلۇقلارغا ئوخشىتىلسۇن بەربىر ساۋاب بېرىلمەيدۇ. يەنە بىر ئۇقۇم شۇكى، بىرىنچى مىسالدا كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرى سەرابقا ئوخشىتىلغان ئىدى. ئىككىنچىسىدە بولسا، ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلارغا ئوخشىتىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كاپىرلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇلار كۇفرى-زالالەت قاراڭغۇلۇقى، شېرىك ئېتىقاد ۋە يامان قىلمىشلارنىڭ قاراڭغۇلۇقى يەنە رەببىدىن ۋە ئاخىرەتتىكى ئازابتىن غاپىللىقىدىن ئىبارەت جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا ياشايدۇ. بۇ قاراڭغۇلۇقلاردا ئۇلار ھىدايەت يولىنى تاپالمايدۇ. بۇنداق قاراڭغۇلۇقلاردا ئىنسان ئۆزىنىڭ قولىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ.

③ يەنى دۇنيادا ئىمان ۋە ئىسلام نۇرىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئاخىرەتتىمۇ مۆئمىنلەر ئېرىشىدىغان نۇردىن مەھرۇم قالىدۇ.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱلطَّيْرُ صَٰٓفَّٰتٍۢ ۖ
كُلٌّ قَدْ عَلِمَ صَلَاتَهُۥ وَتَسْبِيحَهُۥ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِمَا يَفْعَلُونَ ﴿٤١﴾ وَلِلَّهِ
مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿٤٢﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُزْجِى
سَحَابًا ثُمَّ يُؤَلِّفُ بَيْنَهُۥ ثُمَّ يَجْعَلُهُۥ رُكَامًا فَتَرَى ٱلْوَدْقَ يَخْرُجُ
مِنْ خِلَٰلِهِۦ وَيُنَزِّلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن جِبَالٍ فِيهَا مِنۢ بَرَدٍ

*(ئى پەيغەمبەر!) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كەرگەن① (ھالدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ھەربىرى ئۆزىنىڭ نامىزىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ②، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر③ [41]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، (ئاخىر) قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ*

***دەرگاھـدۇر④ [42]. كۆرمەمسـەنكى، ئاللاھ بۇلۇتلارنـى ھەيدەيـدۇ، ئاندىـن ئۇلارنـى بىـر ـ بىرىگـە قوشـىدۇ، ئاندىـن ئۇلارنـى توپلانغـان ھالـدا كەلتۈرىـدۇ، شـۇنىڭ بىلـەن بۇلۇتنىـڭ ئارىسـىدىن يامغـۇر ياغقانلىقىنـى كۆرىسـەن، ئاللاھ ئاسـمان تەرەپتىن تاغـدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ⑤،***

① ﴿صَٰٓفَّٰتٍ﴾نىـڭ مەنىسـى «بَاسِطَاتٍ» «يايغـان، كەرگـەن» بولـۇپ، ئۇنىـڭ تولدۇرغۇچىسـى «أَجْنِحَتِهَـا» «قاناتلىرىنـى» دېگـەن سـۆز جۈملىدىـن قالدۇرۇلغـان. ﴿مَنْ فِي السَّمٰوٰتِ وَالْأَرْضِ﴾ «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ» دېگـەن ئىبارىگـە قۇشـلارمۇ كىرەتتى، لېكـن بـۇ يـەردە قۇشـلار ئايرىـم تىلغا ئېلىنـدى. چۈنكـى قۇشـلار جانلىقـلار ئىچىـدە ئالاھىـدە ئىمتىيازغـا ئىگـە مەخلۇقـلار بولـۇپ، ئاللاھنىـڭ قۇدرىتـى بىلـەن ئاسـمان بىلـەن زېمىـن ئارىسـىدىكى بوشلۇقتا پـەرۋاز قىلىـپ يۈرۈپ، ئاللاھقا تەسـبىھ ئېيتىدۇ. قۇشـلار ھـەم ئۇچالايـدۇ، ھـەم يـەر يۈزىـدە ماڭالايـدۇ، باشـقا مەخلۇقـلار ئۇچالمايدۇ.

② يەنـى ئاللاھ تائـالا ھەربىـر مەخلۇققـا ئۆزىگـە تەسـبىھ ئېيتىـش يوللىرىنـى بىلـدۈردى يەنـى ئۇلارنىـڭ دىلىغـا سـالدى ۋە ئىلھـام قىلـدى. دېمـەك بـۇ مۇنداقـلا تاسـادىپىي پەيـدا بولـۇپ قالغـان ئىـش ئەمـەس، بەلكـى ئاسمان ۋە زېمىندىكـى ھـەر قانـداق نەرسـىنىڭ تەسـبىھ ئېيتىشـى ۋە نامازنـى ئـادا قىلىشـىمۇ ئاللاھنىـڭ قۇدرىتىنىـڭ بىـر ئالامىتىـدۇر. شـۇنىڭدەك ئۇلارنىـڭ بـۇ قـەدەر گـۈزەل شـەكىلدە يارىتىلىشـىمۇ ئاللاھنىـڭ يۈكسـەك سـەنئىتى ۋە ماھارىتىنىـڭ ئىسـپاتىدۇر، بۇنىڭغـا ئاللاھتىـن باشـقا ھېچكىـم قادىر ئەمەستۇر.

③ يەنـى ئاسـمان ئەھلـى ۋە زېمىـن ئەھلىنىـڭ قايسـى شـەكىلدە ئىتائـەت قىلىۋاتقانلىقىنـى ۋە قايسـى رەۋىشـتە تەسـبىھ ئېيتىۋاتقانلىقىنـى ئاللاھ تائـالا بىلىـپ تۇرىـدۇ. بـۇ ئايـەت ئىنسـانلار ۋە جىنلارغـا مۇنـداق بىـر ئاگاھلانـدۇرۇش بېرىۋاتقانـدەك قىلىـدۇ: ئاللاھ تائـالا سـىلەرگە باشـقا مەخلۇقلارغـا ئاتـا قىلمىغـان ھېس-تۇيغـۇ ۋە ئىـرادە ئەركىنلىكـى ئاتـا قىلـدى، شـۇڭا سـىلەر ئاللاھ تائالاغـا باشـقا مەخلۇقاتلاردىـن كۆپـرەك تەسـبىھ ئېيتىشـىڭلار ۋە ئىتائـەت قىلىشـىڭلار كېرەك ئىـدى. لېكـن ئىـش بۇنىـڭ ئەكسـىچە بولۇۋاتىـدۇ. باشـقا مەخلۇقـلار ھـەر ۋاقىـت ئاللاھقا تەسـبىھ ئېيتىش بىلـەن مەشـغۇل، ئەممـا سـىلەر ھېس-تۇيغـۇ ۋە ئىـرادە ئەركىنلىكىدىـن

بەھرىمەن بولىدىغان بىر مەخلۇق تۇرۇپ، سۈسلۇق قىلىۋاتىسىلەر، غەپلەتتە يۈرىۋاتىسىلەر، بۇنداق قىلىساڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ جازاسىغا لايىق بولۇپ قالىسىلەر.

④ پەقەت ئاللاھلا ھەقىقىي ھاكىمدۇر، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرگۈچى يوقتۇر. ئۇ مەبۇدى بەرھەقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلىش جايىز ئەمەستۇر. ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر. ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىنسان ھەققىدە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

⑤ بۇ ئىبارىنىڭ ئىككى خىل تەپسىرى بار، بىرىنچىسى: ئاسماندا مۆلدۈر تاغلىرى بار، ئاللاھ تائالا ئۇ تاغلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئىككىنچىسى: بۇ يەردىكى «اَلسَّمَآءِ» ئۈستۈنلۈك مەنىسىدە. «جِبَالٍ» تاغلاردەك چوڭ-چوڭ پارچىلار دېگەن مەنىدە كەلگەن. يەنى ئاللاھ تائالا ئۈستۈنلۈكتىن پەقەت يامغۇرلا ياغدۇرمايدۇ، بەلكى ئۈستۈنلۈكتىن خالىغان چاغدا چوڭ-چوڭ مۇز پارچىلىرىنىمۇ ياغدۇرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) يەنە بىر مەنىسى تەرجىمىدە كەلگەنىدەك: «تاغدەك چوڭ بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ».

فَيُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ وَيَصۡرِفُهُۥ عَن مَّن يَشَآءُۖ يَكَادُ سَنَا
بَرۡقِهِۦ يَذۡهَبُ بِٱلۡأَبۡصَٰرِ ﴿٤٣﴾ يُقَلِّبُ ٱللَّهُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ
لَعِبۡرَةٗ لِّأُوْلِي ٱلۡأَبۡصَٰرِ ﴿٤٤﴾ وَٱللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَآبَّةٖ مِّن مَّآءٖۖ فَمِنۡهُم مَّن
يَمۡشِي عَلَىٰ بَطۡنِهِۦ وَمِنۡهُم مَّن يَمۡشِي عَلَىٰ رِجۡلَيۡنِ وَمِنۡهُم مَّن
يَمۡشِي عَلَىٰٓ أَرۡبَعٖۚ يَخۡلُقُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٤٥﴾

*ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ (يەنى ئۇ مۆلدۈر بىلەن خالىغان ئادەمنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ) ۋە خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭ (زىيىنى) دىن ساقلايدۇ① ، (بۇلۇتنىكى) چاقماقنىڭ يورۇقى كۆزلەرنى نابۇت قىلىۋەتكىلى تاس قالىدۇ② [43]. ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ③ ، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە*

***ئىبرەت بار [44]. ئاللاھ بارلىق جانلىقنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ④، بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ⑤، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ⑥، ئاللاھ خالىغان مەخلۇقلارنى يارىتىدۇ⑦. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [45].***

① يەنى ئاللاھ تائالا يامغۇر ۋە مۆلدۈرنى رەھمىتى سۈپىتىدە خالىغان كىشىگە يەتكۈزىدۇ. خالىغان كىشىنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا مۆلدۈرنى ئازاب سۈپىتىدە نازىل قىلىپ، خالىغان كىشىنى ئۇ ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زىرائىتى ۋە ئېتىزلىقى ۋەيران بولىدۇ؛ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرۈشنى خالىغان كىشىنى بۇ ئازابتىن ساقلاپ قالىدۇ.

② يەنى بۇلۇتلار ئارىسىدا چېقىلغان چاقماق ئومۇمەن يامغۇردىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن چىققان نۇرنىڭ كۈچلۈكلىكى قارىغۇچىلارنى كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر.

③ يەنى بەزىدە كۈندۈزنى ئۇزۇن، كېچىنى قىسقا، بەزىدە كۈندۈزنى قىسقا، كېچىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، بەزىدە كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى بۇلۇتلارنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئاينىڭ يورۇقلۇقى بىلەن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

④ مەسىلەن: يىلان، بېلىق ۋە باشقا ھاشارەتلەر قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ.

⑤ مەسىلەن: ئىنسان ۋە قۇشلار ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ.

⑥ مەسىلەن: بارلىق چارپايلار ۋە باشقا تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارغا ئوخشاش.

⑦ بۇ ئايەت بەزى ھايۋانلارنىڭ تۆتتىن ئارتۇق پۇتى بارلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. مەسىلەن: قىسقۇچ پاقا، ئۆمۈچۈك ۋە باشقا قۇرۇت-قوڭغۇزلار.

لَّقَدْ أَنزَلْنَآ ءَايَـٰتٍ مُّبَيِّنَـٰتٍ ۚ وَٱللَّهُ يَهْدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ
مُّسْتَقِيمٍ ﴿٤٦﴾ وَيَقُولُونَ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ
فَرِيقٌ مِّنْهُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ ۚ وَمَآ أُو۟لَـٰٓئِكَ بِٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٤٧﴾ وَإِذَا دُعُوٓا۟
إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُم مُّعْرِضُونَ ﴿٤٨﴾ وَإِن
يَكُن لَّهُمُ ٱلْحَقُّ يَأْتُوٓا۟ إِلَيْهِ مُذْعِنِينَ ﴿٤٩﴾ أَفِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَمِ
ٱرْتَابُوٓا۟ أَمْ يَخَافُونَ أَن يَحِيفَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ وَرَسُولُهُۥ ۚ بَلْ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ
ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿٥٠﴾

*شۈبھىسىزكى، بىز (سىلەرگە ھەقىقەتنى) ئېنىق بايان قىلىدىغان روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئاللاھ خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ① [46]. (مۇناپىقلار) «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ شۇنىڭدىن (يەنى شۇ گەپلەرنى دېگەندىن كېيىن ئىتائەتتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلار (ئەمەلىيەتتە) مۇئمىن ئەمەس② [47]. (پەيغەمبەرنىڭ) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر پىرقىسى شۇ ھامان يۈز ئۆرىگۈچى بولۇۋالىدۇ [48]. (ئەمما) ئەگەر (ئۇلار ئېرىشىدىغان) ھەق ئۆزلىرىنىڭ بولسا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن)، ئۇلار پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان ھالدا (يەنى شۇنداق قىياپەتتە يۈگۈرۈپ) كېلىشىدۇ③ [49]. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىللەت بارمۇ؟ يا ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە) شەك قىلامدۇ؟ ياكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ، دەپ قورقامدۇ؟ ياق، بەلكى ئاشۇلار (ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر④ [50].*

① ﴿ءَايَـٰتٍ مُّبَيِّنَـٰتٍ﴾ «روشەن ئايەتلەر» قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدا ئىنسانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە بەخت-سائادىتىنىڭ ئاساسلىق نېگىزى بولغان دىن ۋە ئەخلاقلا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق نەرسە بايان قىلىنغان. ﴿بىز كىتابتا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق ۋە ئېنىق بايان قىلدۇق)﴾. (سۈرە ئەنئام 38-ئايەت) كىمگە ھىدايەت نېسىپ بولغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا توغرا ئىدىيە ۋە سەممىي قەلب ئاتا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ھىدايەت يولى ئېچىلىپ كېتىدۇ. ﴿صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ دېگەندىن بۇ يەردە ھېچقانداق ئەگرىلىك بولمىغان توغرا يول كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ يولنى ئىختىيار قىلىش بىلەن ئىنسان ئۆزىنىڭ مۇراد-مەقسىتى بولغان جەننەتكە يېتىپ بارىدۇ.

② بۇ ئايەت مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار تىللىرىدا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىزھار قىلاتتى، لېكىن دىللىرىدا كۇفرىلىق ۋە جاھىللىق بار ئىدى. يەنى دىللىرى توغرا ئېتىقادتىن خالىي ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تىل بىلەن ئىزھار قىلغان ئىمانىنى بۇ ئايەت ئىنكار قىلدى.

③ چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكسىز ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. يەنە ئۇنىڭ شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا ھېچكىمگە يۈز-خاتىرە قىلمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن دەۋالىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئېرىشىدىغان ھەق ئۆزلىرىنىڭ تەرىپىدە بولۇپ، يەنى دەۋادا ئۆزلىرى ھەقدار بولۇپ، غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتى يۇقىرى بولسا، ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا خۇشاللىق بىلەن بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ. ﴿مُذْعِنِينَ﴾-«إِذْعَانٌ»نىڭ مەنىسى باش ئەگمەك، بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق دېمەكتۇر.

④ بۇ يەردە ، ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم چىقىرىلىش ئىمكانىيىتى بولسا، چاقىرىقتىن يۈز ئۆرۈشىنىڭ سەۋەبلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. سەۋەبلىرى شۇكى، بىر بولسا ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كۇفرىلىق ۋە مۇناپىقلىق كېسىلى بار ياكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە شەك قىلىدۇ ياكى ئۇلار ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ زۇلۇم قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئەسلىدە ئۇلار ئۆزلىرى زالىمدۇر. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشى ئۈچۈن قۇرئان-سۈننەتنى پۇختا بىلىدىغان ھاكىم ياكى قازىنىڭ ئالدىغا چاقىرىلسا، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىش لازىمدۇر. ئەگەر ھاكىم ياكى قازى

قۇرئان-سۈننەت ئىلمىدىن خەۋەرسىز، قۇرئانىي دەلىل-پاكىتلارنى بىلمەيدىغان كىشى بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىش لازىم كەلمەيدۇ.

إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ
أَن يَقُولُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَاۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٥١﴾ وَمَن يُطِعِ
ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَخْشَ ٱللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿٥٢﴾ ۞
وَأَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ لَئِنْ أَمَرْتَهُمْ لَيَخْرُجُنَّۖ قُل لَّا تُقْسِمُواْۖ
طَاعَةٌ مَّعْرُوفَةٌۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿٥٣﴾

***(پەيغەمبەرنىڭ) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى پەقەت: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشتىنلا ئىبارەتتۇر①، ئەنە شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر [51]. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، ئاللاھتىن قورقسا ۋە ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلسا، ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئۇتۇق قازانغۇچىلاردۇر (نىجات تاپقۇچىلاردۇر)② [52]. (مۇناپىقلار ساڭا) «ئەگەر سەن بىزنى (جىھادقا) چىقىشقا بۇيرۇساڭ، بىز چوقۇم چىقىمىز» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلدۇ③. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(يالغاندىن) قەسەم قىلماڭلار، سىلەرنىڭ ئىتائىتىڭلار )نىڭ ھەقىقىتى) مەلۇمدۇر④، ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن خەۋەرداردۇر»⑤ [53].***

① بۇ ئايەتتە كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ قارشىسىدا مۇئمىنلەرنىڭ ئۇ چاقىرىقتا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ۋە ئەمەللىرى بايان قىلىندى.

② نىجاتلىق، ئۇتۇق-مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت-سائادەتكە پەقەت شۇنداق كىشىلەر لايىق بولىدۇكى، ئۇلار بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدۇ. تەقۋادارلىق ۋە ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

ئەمما ئۇلاردىن باشقىلار بۇ سۈپەتلەردىن يىراقتۇر.

③ ﴿جَهْدَ اَيْمَانِهِمْ﴾ «يَجْهَدُونَ أَيْمَانَهُمْ جَهْدًا» يەنى ئۇلار جىھادقا چوقۇم چىقىدىغانلىقىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن كۈچىنىڭ بېرىچە قەسەم قىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى سىلەرنىڭ بۇ تەرزدە قىلغان قەسەمىڭلار يالغان ۋە بويسۇنۇشۇڭلارمۇ نىپاق ئۈستىگە قۇرۇلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى مۇنداق شەرھلىدى: سىلەر پەقەت ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىشىڭلار لازىم يەنى كۆپ قەسەم قىلماستىن، مۇسۇلمانلار ئىتائەت قىلغاندەك، ئىتائەت قىلىڭلار. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ يەنى ئۇ سىلەرنىڭ بارلىق ئەھۋالىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. كىمنىڭ بويسۇنغۇچى ۋە كىمنىڭ بويسۇنغۇچى ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. سىلەر قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئېغىزىڭلاردا بويسۇنىدىغانلىقىڭلارنى ئىزھار قىلىسىلەر، ۋەھالەنكى دىلىڭلاردا ئۇنىڭغا زىت خاھىش بار. سىلەر ئاللاھنى ئالدىيالمايسىلەر، چۈنكى ئۇ بارلىق مەخپىيەتلىكلەرنى ۋە دىلىڭلاردىكى ئىنچىكە سىرلارنى بىلىدۇ. تىلىڭلار بىلەن باشقىچە ئىپادە قىلساڭلارمۇ، كۆڭلۈڭلارغا كەچكەننىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

قُلْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ ۖ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّمَا عَلَيْهِ مَا حُمِّلَ وَعَلَيْكُم مَّا حُمِّلْتُمْ ۖ وَإِن تُطِيعُوهُ تَهْتَدُواْ ۚ وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٥٤﴾ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ كَمَا ٱسْتَخْلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ ٱلَّذِى ٱرْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا ۚ يَعْبُدُونَنِى

*ئېيتقىنكى: «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، پەيغەمبەر (دىننى يەتكۈزۈش) مەسئۇلىيىتىدىن جاۋابكاردۇر①، سىلەر (ئىتائەت قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش) مەسئۇلىيىتىڭلاردىن جاۋابكارسىلەر②،*

***ئەگەر پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر③، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر»④ [54]. ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى⑤، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ،***

① يەنى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈش ۋە دەۋەت قىلىشتۇر. ئۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ.

② يەنى سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىش، ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتۇر.

③ چۈنكى ئۇ سىلەرنى ﴿صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ توغرا يولغا دەۋەت قىلىدۇ.

④ باشقىلار ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتى بار. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت (دىنىنى) يەتكۈزۈشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز (قوبۇل قىلمىغانلاردىن) ھېساب ئېلىشتۇر﴾. (سۈرە رەئد 40-ئايەت)

⑤ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى ساھابە كىراملارغا ۋە توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەرگە خاس دېدى. لېكىن بۇنى خاسلاشتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق دەلىلى يوق. قۇرئان كەرىمنىڭ سۆز-ئىبارىلىرى ئومۇمىي مەنىدە كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ۋەدە ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنى شەرت قىلىدۇ. ئەلۋەتتە خەلىپىلەرنىڭ دەۋرى ئىسلام روناق تاپقان ئەڭ ياخشى دەۋر. ئۇلارنىڭ دەۋرىدە ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقان، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا زور غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلغان، ئۆزى ياخشى كۆرگەن دىنى ئىسلامنى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقارغان، مۇسۇلمانلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بەرگەن. ئىلگىرى مۇسۇلمانلار ئەرەب كاپىرلىرىدىن قورقۇپ ياشايتتى. مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئەھۋال پۈتۈنلەي ئەكسىچە

بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ دۇنياغا كەڭ تارىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەتلەر بەرگەن ئىدى. بۇ بېشارەتلەرمۇ خەلىپىلەر دەۋرىدە كۆرۈلدى. مەسىلەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جېنىم قولىدا بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ تائالا بۇ دىننى شۇنداق پەللىگە يەتكۈزىدۇكى، ھەتتا ئاياللار، بىر كىشىنىڭ ھەمراھلىقىسىز ھىرە دېگەن جايدىن يولغا چىقىپ كەبىنى تاۋاپ قىلغىلى كېلەلەيدۇ ۋە سىلەر شەكسىز كىسرا ئىبنى ھورمۇزنىڭ بايلىقلىرىنى ئاچىسىلەر.» (سەھىھۇل بۇخارى 3595-ھەدىس) ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ماڭا زېمىننى قاتلاپ بەردى. مەن ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىنى كۆردۈم. ئۈممىتىمنىڭ پادىشاھلىقى زېمىننىڭ ماڭا قاتلىنىپ بېرىلگەن يېرىگىچە يېتىدۇ.» (سەھىھ مۇسلىم 2889-ھەدىس) ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يىراق قىتئەلەرگىچە يەتتى. پارىس، شام، مىسىر، ئافرىقا قاتارلىق دۆلەتلەر فەتھى قىلىندى، كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ ئورنىنى تەۋھىد ئىگىلىدى، تەۋھىد نۇرى ھەممە جايلارنى يورۇتتى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق مەشئىلى زۇلمەتلىك دۇنياغا نۇر چاچتى. لېكىن ئاللاھنىڭ مەزكۇر ۋەدىسىنىڭ شەرتى بار ئىدى، مۇسۇلمانلار ئىماندا ئاجىزلاپ، ياخشى ئەمەللەرگە بىپەرۋالىق قىلىش گۇناھى سادىر قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئەزىزلىكىنى خارلىققا، ھۆكۈمرانلىقىنى قۇللۇققا، ئەمىنلىكىنى قورقۇنچقا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْـًٔاۚ وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٥٥﴾ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٥٦﴾

***ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ①، شۇنىڭدىن (يەنى مەزكۇر ۋەدىدىن) كېيىن، كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر② [55]. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى***

***تولۇق بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار③ [56].***

① ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىكمۇ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلگە قوشۇلغان يەنە بىر ئاساسىي شەرت بولۇپ، بۇنى ھازىرلىغان مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتىگە ھەقلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ شەرتنى ھازىرلىماي، تەۋھىد ئەقىدىسىدىن يىراقلاشسا، ئاللاھنىڭ نۇسرىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

② بۇ يەردىكى كاپىر بولۇشتىنمۇ يەنە شۇ ئىمان، ياخشى ئەمەل ۋە تەۋھىد ئەقىدىسىدىن يىراقلىشىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسان ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن چىقىپ كېتىپ، كۇفرىلىق ۋە پاسىقلىق دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ يولى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن شەكىلدە بايان قىلىپ بېرىلدى. ئۇ بولسىمۇ ساھابە كىراملار ماڭغان يولدۇر، ئۇلار بۇ يولدا مېڭىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ۋە نۇسرىتىگە ئېرىشكەن.

لَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَمَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ
وَلَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٥٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِيَسۡتَـٔۡذِنكُمُ ٱلَّذِينَ
مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡ وَٱلَّذِينَ لَمۡ يَبۡلُغُواْ ٱلۡحُلُمَ مِنكُمۡ ثَلَٰثَ مَرَّٰتٖۚ
مِّن قَبۡلِ صَلَوٰةِ ٱلۡفَجۡرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُم مِّنَ ٱلظَّهِيرَةِ
وَمِنۢ بَعۡدِ صَلَوٰةِ ٱلۡعِشَآءِۚ ثَلَٰثُ عَوۡرَٰتٖ لَّكُمۡۚ لَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ وَلَا
عَلَيۡهِمۡ جُنَاحُۢ بَعۡدَهُنَّۚ طَوَّٰفُونَ عَلَيۡكُم بَعۡضُكُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖۚ
كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٥٨﴾

***(ئى مۇھەممەد) كاپىرلارنى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ دەپ ئويلىمىغىن① ، ئۇلارنىڭ بارار جايى دوزاختۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [57]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى***

*بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار نامازبامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىملىرىنى سالغان چىغلىرىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇ) ئۈچ ۋاقىتتا② (يېنىڭلارغا كىرمەكچى بولسا) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەر ئۈچۈن ئەۋرەتتۇر③ (يەنى ئەۋرەت ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار ئىجازەت سورىماي كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ④، (ئادەتتە) سىلەر بىر - بىرىڭلارنىڭ يېنىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر⑤ [58].*

① يەنى ئى مۇھەممەد! ساڭا قارشى تۇرغانلار ۋە سېنى ئىنكار قىلغانلار قېچىپ يۈرۈپ ئاللاھ تائالانى ئاجىزلاشتۇرىمىز ۋە ھاردۇرىمىز دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. ئۇلار ئاللاھ تائالانى ھەرگىز ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەر قانداق بىر ئۇسۇل بىلەن جازالاشقا قادىردۇر.

② ﴿ثَلَٰثَ مَرَّٰتٍ﴾ ئۈچ ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك بۇ ئۈچ ۋاقىت ئىنسان ئائىلى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ياكى ئۆزىنى ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغان بىر كىيىم بىلەن ياتقان نامۇۋاپىق بىر ۋاقىتتۇر. شۇڭا بۇ ئۈچ ۋاقىتتا خىزمەتكارلار ۋە كىچىك بالىلار ياتاق ئۆيگە رۇخسەت سوراپ كىرىشكە بۇيرۇلدى.

③ ﴿عَوْرَٰتٍ﴾ «عَوْرَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەسلي مەنىسى كەمتۈك، چالا، نۇقسان دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە كاۋاك دېگەن مەنىسىمۇ بار. كېيىن بۇ سۆز باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە باشقىلارنىڭ كۆرۈشى ياقتۇرۇلمايدىغان نەرسىگە (ئۇياتلىق ئەزالارغا) ئىشلىتىلىدىغان بولدى. (ئوردۇ تىلىدا) ئايال كىشىنىڭ «عَوْرَتْ» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىر ئەرنىڭ ئايالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشى ۋە ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارنىڭ ئايالىغا قارىشى شەرىئەتتە جايىز ئەمەستۇر. بۇ ئايەتتە مەزكۇر ئۈچ ۋاقىتمۇ ئەۋرەت دەپ ئاتالدى. يەنى بۇ ئۈچ ۋاقىت سىلەر خىلۋەتتە بولىدىغان ۋاقىتتۇر، بۇ ۋاقىتتا سىلەر مەخسۇس كىيىم بىلەن

تۇرغان خۇسۇسىي ھالەتلەرنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايسىلەر.

④ يەنى مەزكۇر ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا خىزمەتكارلار ئۆيگە رۇخسەت سورىماستىن كىرسە بولىدۇ.

⑤ مانا مۇشۇ كىرىپ-چىقىپ تۇرغان سەۋەبتىن ھەدىستە مۇشۇكنىڭ پاك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۇ (مۇشۇك) نىجىس ئەمەس، چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا (ئۆيلىرىڭلارغا) كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغانلاردىندۇر». (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 75-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 92-ھەدىس) خىزمەتكار بىلەن خوجايىن ئارىسىدا ھەرۋاقىت كۆرۈشۈپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ زۆرۈرىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ بۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. چۈنكى ئاللاھ ﴿عَلِيمٌ﴾ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر ۋە ﴿حَكِيمٌ﴾ «ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، يەنى ئۇنىڭ ھەربىر ھۆكمىدە بەندىلەر ئۈچۈن كۆپ مەنپەئەت ۋە ھېكمەت باردۇر.

وَإِذَا بَلَغَ ٱلۡأَطۡفَٰلُ مِنكُمُ ٱلۡحُلُمَ فَلۡيَسۡتَـٔۡذِنُواْ كَمَا ٱسۡتَـٔۡذَنَ ٱلَّذِينَ
مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٥٩﴾
وَٱلۡقَوَٰعِدُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ ٱلَّٰتِي لَا يَرۡجُونَ نِكَاحٗا فَلَيۡسَ عَلَيۡهِنَّ
جُنَاحٌ أَن يَضَعۡنَ ثِيَابَهُنَّ غَيۡرَ مُتَبَرِّجَٰتِۭ بِزِينَةٖۖ وَأَن يَسۡتَعۡفِفۡنَ
خَيۡرٞ لَّهُنَّۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٦٠﴾

***كىچىك باللىرىڭلار① بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار ئۆيگە كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ھەر ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى) سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [59]. ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا، (رىدا، نىمچىغا ئوخشاش) تاشقى***

***كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە (ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسە)، ھېچ گۇناھ يوقتۇر②، (سېلىۋەتمەي) ئېپپەتلىك يۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر③. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [60].***

① بۇ يەردىكى «كىچىك بالىلىرىڭلار» دېگەندىن قۇللار ئەمەس، ھۆر بالىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، چوڭ ئەرلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارمۇ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن ئىلگىرى رۇخسەت سوراپ كىرىشى لازىم.

② بۇلار ياشىنىپ قالغان، ھەيز كۆرۈشتىن توختاپ قالغان ۋە بالا تۇغۇش ئىقتىدارى چېكىنگەن ئاياللاردۇر. ئومۇمەن ياشىنىپ قالغان ئاياللارنىڭ تەبىئىي شەكىلدە ئەرلەرگە بولغان ئىشتىياقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ۋە نىكاھلىنىش خاھىشىمۇ بولمايدۇ. ئەرلەردىمۇ ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىش خاھىشى بولمايدۇ. بۇنداق ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشىغا قارىتا ياش ئاياللارغا قويۇلغاندەك قاتتىق چەكلىمە يوق. بۇلارنىڭ ھىجابلىنىشىغا قارىتا ھۆكۈم يەڭگىللىتىلگەن. «تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە» دېگەن ئىشتان بىلەن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە ھىجابلىنىش ئۈچۈن كىيىدىغان پەلتۇ، رىدا، ئابايە قاتارلىق كىيىملەرنى سېلىۋەتسە، ھېچ گۇناھ يوق دېگەنلىك بولىدۇ. شەرتى شۇكى، زىنىنىتى ۋە جىسمىنىڭ بوغۇملىرىنى كۆرسەتمىگەي. دېمەك ھەرقانداق بىر ئايال جىنسىي خاھىشى پۈتۈنلەي چېكىنگەن تۇرۇقلۇق، ئۆز جىسمىنىڭ بوغۇملىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ئاياللىقى» نى نامايەن قىلىش كېسىلىگە (يەنى شۇندا نەپسى خاھىشقا) مۇپتىلا بولغان بولسا، مەزكۇر يەڭگىللىتىلگەن ھىجاب ھۆكمى ئاستىغا كىرمەيدۇ. ئۇنداق ئايال مۇكەممەل شەكىلدە ھىجابلىنىشى كېرەك.

③ يەنى مەزكۇر ياشانغان ئاياللارمۇ تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتمەستىن، قائىدە بويىچە پەلتۇ ۋە ئابايىگە ئوخشاش كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرسە، ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.

لَّيۡسَ عَلَى ٱلۡأَعۡمَىٰ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡأَعۡرَجِ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡمَرِيضِ

حَرَجٌ وَلَا عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمْ أَن تَأْكُلُوا۟ مِنۢ بُيُوتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ
ءَابَآئِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أُمَّهَٰتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ إِخْوَٰنِكُمْ أَوْ بُيُوتِ
أَخَوَٰتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَعْمَٰمِكُمْ أَوْ بُيُوتِ عَمَّٰتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ
أَخْوَٰلِكُمْ أَوْ بُيُوتِ خَٰلَٰتِكُمْ أَوْ مَا مَلَكْتُم مَّفَاتِحَهُۥٓ أَوْ صَدِيقِكُمْ ۚ
لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَأْكُلُوا۟ جَمِيعًا أَوْ أَشْتَاتًا ۚ فَإِذَا دَخَلْتُم
بُيُوتًا فَسَلِّمُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمْ تَحِيَّةً مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُبَٰرَكَةً طَيِّبَةً ۚ
كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٦١﴾

***(جىھادقا ئوخشاش كۆز، پۇت ـ قول ۋە بەدەن ساق بولمىسا قىلغىلى بولمايدىغان پەرز ئەمەللەرنى ئۆزرىسى سەۋەبلىك قىلالمىسا) ئەماغا گۇناھ يوقتۇر، توكۇرغا گۇناھ يوقتۇر، كېسەلگە گۇناھ يوقتۇر. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (شۇنداقلا بالىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، يا ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەرگە ئاچقۇچلىرىنى تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)①، يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر②، توپلىشىپ ياكى ئايرىم ـ ئايرىم يېسەڭلارمۇ سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر③، سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا، ئاللاھ تەرىپىدىن ئامانلىق ۋە بەرىكەت تىلىكى بىلەن ئۆزۈڭلارغا (ۋە ئائىلەڭلاردىكىلەرگە) سالام بېرىڭلار④، (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار) ئاللاھ سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ [61].***

① بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى مۇنداق: ساھابە كىراملار جىھادقا

ماڭغاندا ئۆيلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئايەتتە بايان قىلىنغان ئۆزرىلىك كىشىلەرگە بېرىپ، ئۆيدىكى يېمەك-ئىچمەكلەردىن يېيىشكە رۇخسەت قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆزرىلىك كىشىلەر ئىگىسى يوق ۋاقىتتا ئۆيدىكى يېمەكلىكلەرنى يېيىشنى جايىز ئەمەس دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مەزكۇر كىشىلەرگە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ياكى ئاچقۇچىنى تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە تاماق يېيىشكە رۇخسەت قىلدى. بۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، تېنى ساق ساھابىلەر مەزكۇر مېيىپ ساھابىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى خالىماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، مېيىپ ساھابىلەر باشقىلاردەك كۆپ يېيەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يېيىشكە تېگىشلىك بولغان تامىقىنى يەۋېلىپ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىپ سالماسلىق ئىدى. شۇنىڭدەك مېيىپ ساھابىلەرنىڭمۇ باشقىلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى خالىماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، باشقىلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە بولغانلىقىدىن بىئاراملىق ھېس قىلدۇرماسلىق ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ھەر ئىككى خىل كىشىلەرگە تاماقنى بىللە يېيىشتە ھېچ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

② شۇنداقتىمۇ بەزى ئۆلىمالار مۇنداق ئىزاھات بەردى: بۇنىڭدىن باشقىلار يەپ كەتسە نارازى بولمايدىغان ئومۇمىي يېمەكلىكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۆي ئىگىسى باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ يوشۇرۇپ قويغان خۇسۇسىي يېمەكلىكلەر بولسا ياكى ساقلاپ قويۇلغان ئاشلىق بولسا، ئۇنىڭدىن يەۋېلىش ۋە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش جايىز ئەمەس. (ئەيسەر تەپاسىر) شۇنىڭدەك بۇ ئايەتتە بىر ئىنسانىنىڭ بالىسىنىڭ ئۆيى ئۆزىنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكى بايان قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن ۋە مال - دۇنيالىرىڭ داداڭغا مەنسۇپتۇر». (سۈنەنى ئىبنى ماجە **2291**-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد **2**-توم، **179**-، **204**-، **214**-بەتلەر) يەنە بىر ھەدىستە «ئىنساننىڭ بالىسى ئۇنىڭ تاپقان پۇل- ماللىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر». (سۈنەنى ئەبى داۋۇد **3529**-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە **2137**-ھەدىس)

③ بۇ ئايەتتە يەنە بىر قىيىنچىلىق كۆتۈرۈۋېتىلدى. بەزى كىشىلەر تاماقنى يالغۇز يېيىشنى ياقتۇرمايتتى، ئۇلار تاماقنى باشقىلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يېيىش كېرەك دەپ قارايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا

رۇخسەت قىلىپ: ﴿تولىلىشىپ ياكى ئايرىم-ئايرىم يېسەڭلارمۇ سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. ئەلۋەتتە كۆپچىلىك بىلەن بىللە تاماق يېيىش بەرىكەتلىك بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەدىسلەر كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر تاماق يېگەندە بىرگە تولىلىشىپ ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى (يەنى بىسمىللاھ) دەپ يەڭلار، تاماقىڭلاردا بەرىكەت بولىدۇ». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىشنىڭ ئەدەبلىرى بايان قىلىندى. ئۇ بولسىمۇ كىرگەندە ئۆيدىكىلەرگە سالام قىلىپ كىرىش. ئىنسانىغا ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىغا سالام قىلىش ئادەتتە ئانچە مۇھىم بىلىنمەيدۇ. لېكىن مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىمۇ سالام قىلىشى لازىم. سالاممۇ بىر دۇئا ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ھەربىر مۇسۇلمان ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قىلىنىدىغان بۇ دۇئادىن ئۇلارنى مەھرۇم قىلماسلىق كېرەك.

إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَإِذَا كَانُوا۟ مَعَهُۥ عَلَىٰٓ أَمْرٍ جَامِعٍ لَّمْ يَذْهَبُوا۟ حَتَّىٰ يَسْتَـْٔذِنُوهُ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسْتَـْٔذِنُونَكَ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ۚ فَإِذَا ٱسْتَـْٔذَنُوكَ لِبَعْضِ شَأْنِهِمْ فَأْذَن لِّمَن شِئْتَ مِنْهُمْ وَٱسْتَغْفِرْ لَهُمُ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٦٢﴾ لَّا تَجْعَلُوا۟ دُعَآءَ ٱلرَّسُولِ بَيْنَكُمْ كَدُعَآءِ بَعْضِكُم بَعْضًا ۚ

*ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن كىشىلەر (ھەقىقىي) مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار (مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك) بىرەر مۇھىم ئىش ئۈستىدە (مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن) پەيغەمبەر بىلەن جەم بولغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىمىغۇچە ھەرگىز كېتىپ قالمايدۇ①. (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىجازەت سورايدىغان ئاشۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار بەزى*

***شەخسىي ئىشلىرى ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن، سەن ئۇلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [62]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر - بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار②،***

① يەنى مۇسۇلمانلار ئادەتتە جۇمە، ھېيت نامازلىرىغا ياكى ئىچكى ۋە تاشقى مەسىلىلەرنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن چاقىرىلغان مەجلىس ۋە يىغىنلارغا ھازىر بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار بىرەر خاس كېڭەش مەجلىسگە ھازىر بولغاندا، ئۆزرىسى چىقىپ قېلىپ قايتماقچى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ قايتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، مۇناپىقلار بولسا ئۇنداق يىغىنلارغا قاتنىشىشتىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ.

② بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار: بىرى، سىلەر بىر- بىرىڭلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىسىلەر، ئەمما ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ئۇنداق چاقىرماڭلار! مەسىلەن: سىلەر ئۇنى ئى مۇھەممەد! دەپ چاقىرماڭلار، بەلكى ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ياكى ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! دەپ چاقىرىڭلار! (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ساھابىلار ئۇنى چاقىرماقچى بولسا، شۇنداق چاقىرىشقا بۇيرۇلغان) ئايەتنىڭ ئىككىنچى مەنىسى شۇكى، سىلەر ئۇنىڭ قىلغان بەددۇئاسىنى باشقىلارنىڭ قىلغان بەددۇئاسىغا ئوخشاش دەپ ئويلىماڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر، شۇڭا ئۇنىڭ بەددۇئاسىنى ئېلىپ قالماڭلار. بولمىسا، ھالاك بولۇپ كېتىسىلەر.

قَدۡ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ يَتَسَلَّلُونَ مِنكُمۡ لِوَاذٗاۚ فَلۡيَحۡذَرِ ٱلَّذِينَ
يُخَالِفُونَ عَنۡ أَمۡرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمۡ فِتۡنَةٌ أَوۡ يُصِيبَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٦٣﴾
أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ قَدۡ يَعۡلَمُ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ وَيَوۡمَ

يُرْجَعُونَ إِلَيْهِ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُواْ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمُۢ ﴿٦٤﴾

*سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن) ئاستا سۇغۇرۇلۇپ غىيىپىدە چىقىپ كېتىدىغانلارنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلىدۇ①، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا) چوڭ بىر پىتنىگە (يەنى بالاغا) يولۇقۇشتىن②، ياكى (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن (ھەزەر ئەيلىسۇن) [63]. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)③، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ④، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئاللاھ ئۇلارغا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [64].*

① بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭەش يىغىنلىرىدىن يوشۇرۇنچە قېچىپ كېتەتتى.

② بۇ يەردىكى «پىتنە» ئىنساننى ئىماندىن ئايرىۋېتىدىغان دىلنىڭ ئەگرىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دىلنىڭ ئەگرىلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىماندىن ئايرىلىش، كۇفرى ئۈستىدە ئۆلۈش جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئايەتنىڭ ئاخىردا ﴿(ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن (ھەزەر ئەيلىسۇن)﴾ دەپ كەلدى. شۇ ۋەجىدىن ھەر ئەمەلنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە تۇتقان يولىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم. بارلىق سۆز ـ ھەرىكەت سۈننەتكە ئۇيغۇن بولغاندا، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولىدۇ، قالغانلىرى رەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزغا توغرا كەلمەيدىغان ئەمەلنى قىلىدىكەن، ئۇ ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ». (سەھىھ بۇخارى 2697 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1718 ـ ھەدىس)

③ مەخلۇقاتنى يارىتىش جەھەتتىن بولسۇن، ئىگىدارچىلىق جەھەتتىن

بولسۇن، باشقۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن، بارلىق كائىنات ئاللاھقا تەۋەدۇر. ئىنسان نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلسۇن، ئەمما ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتا ئاللاھتىن قورقسۇن. قورقۇشنىڭ تەقەززاسى شۇكى، ھەر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بۇيرۇغان ھېچبىر ئىشنى تەرك ئەتمىسۇن، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمىسۇن، ئۇ چەكلىگەن ئىشنى قەتئىي قىلمىسۇن. چۈنكى، پەيغەمبەر پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن.

④ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇ. سىلەر قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئاللاھ بىلمەي قالىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن قىيامەت كۈنى مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

# سۈرە فۇرقان

| (٢٥) سورة الفورقان مكية ٧٧ آية | (25) سۈرە فۇرقان مەككىدە چۈشكەن 77 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

تَبَارَكَ ٱلَّذِى نَزَّلَ ٱلْفُرْقَانَ عَلَىٰ عَبْدِهِۦ لِيَكُونَ لِلْعَٰلَمِينَ نَذِيرًا ﴿١﴾
ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ
شَرِيكٌ فِى ٱلْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَىْءٍ فَقَدَّرَهُۥ تَقْدِيرًا ﴿٢﴾

***بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە① ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى② نازىل قىلغان، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئۆزىگە خاس بولغان③، باللىق بولمىغان (يەنى ھېچكىمنى بالا قىلىۋالمىغان)④، پادىشاھلىقىدا شېرىكى بولمىغان⑤ ۋە ھەممە نەرسىنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا (ئۆز ھېكمىتى بويىچە) مۇناسىپ ئۆلچەم بېكىتكەن⑥ ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر [1 ـ 2].***

① بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكى خەلقئارالىق، ئالەمشۇمۇلدۇر يەنى پۈتۈن دۇنيا ئەھلى ئۈچۈن بولۇپ، بارلىق ئىنسانلار ۋە جىنلارغا ئەلچى ۋە يولباشچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. مەسىلەن:

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾ (سۈرە ئەئراف 158-ئايەت) ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن قىزىل، قارا، ھەممىگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم» (سەھىھ مۇسلىم 521-ھەدىس) ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىلگىرى پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلەتتى، مەن بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم». (سەھىھۇل بۇخارى 335-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 523-ھەدىس). پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىكنىڭ ئالەمشۇمۇللىقى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، تەۋھىد ئەھكاملىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. تۆۋەندە ئاللاھ تائالانىڭ تۆت سۈپىتى بايان قىلىنىدۇ.

② ﴿اَلْـفُرْقَانَ﴾نىڭ مەنىسى ھەق بىلەن باتىلنىڭ، تەۋھىد بىلەن شېرىكنىڭ، ئادالەت بىلەن زۇلۇمنىڭ ئارىسىنى ئايرىغۇچى دېگەن مەنىدە. قۇرئان كەرىم بۇ نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى ئوچۇق ئايرىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن فۇرقان دەپ ئاتالغان.

③ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىرىنچى سۈپىتىدۇر. يەنى ئۇ كائىناتنىڭ بىردىنبىر باشقۇرغۇچىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق باشقۇرغۇچى يوقتۇر.

④ بۇ ئايەتتە پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ قارايدىغان، ئۇنىڭغا پەرزەنت مەنسۇپ قىلىدىغان ناسارالار، يەھۇدىيلار ۋە بىر قىسىم ئەرەب قەبىلىلىرىگە رەددىيە بېرىلدى.

⑤ بۇ ئايەت بۇتپەرەس مۇشرىكلارغا ۋە ئىككى ئىلاھ (يامانلىق ۋە ياخشىلىق ئىلاھى، زۇلمەت ۋە نۇر ئىلاھى) بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلارغا رەددىيەدۇر.

⑥ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى پەقەت بىر ئاللاھتۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە ھەربىر مەخلۇققا ئۆزىگە مۇناسىپ سالاھىيەت ۋە قابىلىيەت بېغىشلىدى، ئۇ مەخلۇقاتنى شۇ قەدەر مۇكەممەل ۋە نەپىس ياراتتىكى، ھەربىرىنىڭ شەكلى، ئەزاسى، ھەر ئەزانىڭ ئورنى، ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ئۆزىگە مۇۋاپىق كەلگەن. يەنە بىر مەنىسى، ھەربىر مەخلۇقنىڭ ئەجىلىنى ۋە رىزقىنى ئالدىن بەلگىلىدى.

وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً لَّا يَخۡلُقُونَ شَيۡـٔٗا وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ وَلَا
يَمۡلِكُونَ لِأَنفُسِهِمۡ ضَرّٗا وَلَا نَفۡعٗا وَلَا يَمۡلِكُونَ مَوۡتٗا وَلَا حَيَوٰةٗ وَلَا
نُشُورٗا ٣ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ إِفۡكٌ ٱفۡتَرَىٰهُ وَأَعَانَهُۥ
عَلَيۡهِ قَوۡمٌ ءَاخَرُونَۖ فَقَدۡ جَآءُو ظُلۡمٗا وَزُورٗا ٤ وَقَالُوٓاْ أَسَٰطِيرُ
ٱلۡأَوَّلِينَ ٱكۡتَتَبَهَا فَهِيَ تُمۡلَىٰ عَلَيۡهِ بُكۡرَةٗ وَأَصِيلٗا ٥ قُلۡ أَنزَلَهُ
ٱلَّذِي يَعۡلَمُ ٱلسِّرَّ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّهُۥ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ٦

***(شۇنداق تۇرسىمۇ) مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە ئۆزلىرى يارىتىلغان، ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى توسۇپ قالالمايدىغان، ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان، (تىرىكلەرنىڭ) جېنىنى ئېلىشقا، (ئۆلۈكلەرگە) ھايات بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغان (باتىل) ئىلاھلارنى ئۆزلىرىگە مەبۇد قىلىۋالدى① [3]. كاپىرلار: «بۇ (قۇرئان) پەقەتلا (مۇھەممەد ئۆزى) توقۇپ چىققان يالغان سۆزدۇر، ئۇنىڭ توقۇپ چىقىشىغا باشقا بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن» دەيدۇ②. شەكسىزكى، ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاش بىلەن ئۇنىڭغا) يولسىزلىق قىلدى ۋە (ئويۇچۇق) يالغاننى توقۇدى [4]. ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ ئايەتلەر) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى بولۇپ، ئۇ (مۇھەممەد) ئۇلارنى (باشقىلارغا) يازدۇرۇۋالغان، (ھېچ قىلىۋېلىشى ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ» [5]. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ نازىل قىلدى③، شەكسىزكى، ئاللاھ ئەزەلدىن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر④» [6].***

① لېكىن زالىملار مۇشۇنداق ئۇلۇغ سۈپەتلەرگە ئىگە رەببىنى قويۇپ، باشقىلارغا پايدا-زىيان يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزى ئۈچۈنمۇ ھېچ ئىشقا كارغا كەلمەيدىغان موھتاج كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە رەب ۋە ئىلاھ قىلىۋالدى. تۆۋەندىكى ئايەتتە قۇرئاننى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ شەك-شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىلىدۇ.

② كاپىرلار: مۇھەممەد قۇرئاننى توپلاشقا يەھۇدىيلاردىن ۋە باشقا قەۋمدىن بولغان بىر قىسىم قۇللاردىن (مەسىلەن: ئەبۇ فەكيھە يەسار، ئەدداس ۋە جەبىر قاتارلىقلار) دىن ياردەم ئالغان، دەيدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە نەھل 103-ئايەتتە بايان قىلىندى. بۇ ئايەتتە قۇرئان كەرىم مەزكۇر بوھتاننى زۇلۇم، يولسىزلىق ۋە ئوپئوچۇق يالغان دەپ ئاتىدى. بىر ساۋاتسىز ئادەم باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن پاساھەت ۋە بالاغەتتە تەڭداشسىز، مۆجىزە خاراكتېرلىك ھەقىقەت ۋە مەرىپەتكە تولغان، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر تەپسىلىي قانۇن ۋە مىسلىسىز ئەھكاملارنى ئۆزى ئىچىگە ئالغان، ئىلگىرىكىلەرنىڭ راست خەۋەرلىرى بىلەن كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئېنىق بايان قىلغان، راستلىقىنى ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىر كىتابنى توقۇيالامدۇ؟

③ بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى ۋە بوھتانلىرىغا رەددىيە بېرىلىپ دېيىلدىكى، قۇرئاندا نېمە بارلىقىغا قاراڭلار؟ ئۇنىڭدا بىرەر خاتا سۆز ۋە ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر نەرسە بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق. ئۇنىڭ ھەربىر سۆز-ئىبارىسى شەكسىز توغرا ۋە ھەقتۇر. چۈنكى، ئۇنى چۈشۈرگۈچى زات ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەر قانداق مەخپىيەتلىكلەرنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالادۇر.

④ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بەندىلىرىگە ئەپۇچانلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قۇرئاننى توقۇلغان دېگەن بوھتانلىرى ئېغىر گۇناھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى دەرھال جازالىغان بولاتتى.

وَقَالُواْ مَالِ هَٰذَا ٱلرَّسُولِ يَأۡكُلُ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشِي فِي ٱلۡأَسۡوَاقِ
لَوۡلَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَلَكٞ فَيَكُونَ مَعَهُۥ نَذِيرًا ٧ أَوۡ يُلۡقَىٰٓ إِلَيۡهِ كَنزٌ
أَوۡ تَكُونُ لَهُۥ جَنَّةٞ يَأۡكُلُ مِنۡهَاۚ وَقَالَ ٱلظَّٰلِمُونَ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا
رَجُلٗا مَّسۡحُورًا ٨ ٱنظُرۡ كَيۡفَ ضَرَبُواْ لَكَ ٱلۡأَمۡثَٰلَ فَضَلُّواْ فَلَا
يَسۡتَطِيعُونَ سَبِيلٗا ٩

*ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ) ئېيتتى: «بۇ*

***(بىزگە ئوخشاش) تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەر؟① ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى② [7]. ياكى ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە بېرىلمىدى③؟ ياكى ئۇنىڭغا مېۋىلىرىدىن يەيدىغان بىرەر باغ بېرىلمىدى؟»④ بۇ زالىملار (مۇئمىنلەرگە): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر»⑤ دېدى [8]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سەن توغرۇلۇق قانداق مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، بۇ سەۋەبتىن ئۇلار راستتىنلا ئازغۇنلۇققا پاتتى، شۇڭا ئۇلار يول تاپالمايدۇ⑥ [9].***

① ئۇلار قۇرئانغا تۆھمەت قىلغاندىن كېيىن، ئەمدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئىنساندىن بولغانلىقىغا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىنسان پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى كۆتۈرۈشكە لايىق ئەمەس. شۇڭا ئۇلار: بۇ بىزگە ئوخشاش يەيدىغان، ئىچىدىغان، بازارلارغا بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان ئىنسان ئىكەن، ۋەھالەنكى پەيغەمبەر ئىنساندىن بولماسلىقى لازىم ئىدى، دېدى.

② مەزكۇر ئېتىرازدىن بىر ئاز يېنىپ دېدىكى، ئۇنداقمۇ بولمىسا، ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ھەم ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن نېمىشقا بىر پەرىشتە بىللە چۈشۈرۈلمىدى؟

③ شۇنداق بولغان بولسا، ئۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن قۇتۇلغان بولاتتى.

④ ھېچ بولمىغاندا بىزدىن بىر قەدەر يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولغان بولاتتى.

⑤ يەنى كاپىرلار مۇئمىنلەرگە: ئەقلىدىن ئازغان ۋە ئىدىيەسى سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر، دېيىشتى.

⑥ يەنى ئى پەيغەمبەر! ئۇلار ساڭا ھەر خىل بوھتانلارنى چاپلاپ، سېنى گاھىدا سېھىرگەر دەيدۇ، گاھىدا جىن چاپلىشىۋالغان، سېھىرلەنگەن دەيدۇ، گاھىدا يالغانچى ۋە شائىر دەيدۇ، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان ۋە تۆھمەتتۇر. ئازراقلا ئەقلى-ھوشى بار ئادەم بۇ

سۆزلەرنىڭ بوھتان ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ئۆزلىرى توغرا يولدىن يىراقلاپ كېتىدۇ، ئۇلارغا توغرا يول قانداقمۇ نېسىپ بولسۇن؟!

تَبَارَكَ ٱلَّذِيٓ إِن شَآءَ جَعَلَ لَكَ خَيۡرٗا مِّن ذَٰلِكَ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي
مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ وَيَجۡعَل لَّكَ قُصُورَۢا ﴿١٠﴾ بَلۡ كَذَّبُواْ بِٱلسَّاعَةِۖ
وَأَعۡتَدۡنَا لِمَن كَذَّبَ بِٱلسَّاعَةِ سَعِيرًا ﴿١١﴾ إِذَا رَأَتۡهُم مِّن مَّكَانِۭ
بَعِيدٖ سَمِعُواْ لَهَا تَغَيُّظٗا وَزَفِيرٗا ﴿١٢﴾ وَإِذَآ أُلۡقُواْ مِنۡهَا مَكَانٗا ضَيِّقٗا
مُّقَرَّنِينَ دَعَوۡاْ هُنَالِكَ ثُبُورٗا ﴿١٣﴾ لَّا تَدۡعُواْ ٱلۡيَوۡمَ ثُبُورٗا وَٰحِدٗا
وَٱدۡعُواْ ثُبُورٗا كَثِيرٗا ﴿١٤﴾ قُلۡ أَذَٰلِكَ خَيۡرٌ أَمۡ جَنَّةُ ٱلۡخُلۡدِ ٱلَّتِي
وُعِدَ ٱلۡمُتَّقُونَۚ كَانَتۡ لَهُمۡ جَزَآءٗ وَمَصِيرٗا ﴿١٥﴾

***ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا، ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە (پۇختا، چوڭ) قەسىر - سارايلارنى ئاتا قىلاتتى① [10]. ئۇلار (سېنى ئەيىبلەپلا قالمىدى) بەلكى قىيامەتنى ئىنكار قىلدى②، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق [11]. دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ③ [12]. ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلىنىپ، دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمنى تىلەيدۇ [13]. (ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ)④ [14]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شۇ (دوزاخ) ياخشىمۇ ياكى تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان مەڭگۈلۈك جەننەت ياخشىمۇ؟»⑤ جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بارىدىغان جايىدۇر [15].***

① يەنى ئۇلار سەندە بولۇشنى تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى

قىلىپ بېرىش ئاللاھ تائالاغا مۇشكۇل ئەمەس. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، ساڭا دۇنيادا كاپىرلار خىيال قىلغان نەرسىلەردىنمۇ ئېسىل باغلار ۋە سارايلارنى ئاتا قىلالايدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ تەلەپلەرنى ھىدايەت تەلەپ قىلىش، نىجاتلىققا ئېرىشىش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنكار قىلىش ۋە تەرسالىق يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

② ئۇلارنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشىغىمۇ سەۋەبچى بولدى.

③ يەنى دوزاخ كاپىرلارنى يىراقتىن مەھشەر مەيدانىدا كۆرگەن چاغدا، غەزەپتىن قايناپ كېتىدۇ. ئۇلارنى غەزىپى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق گۈركىرەيدۇ. ئۇلارنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالىدۇ. دوزاخنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ﴿ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ، دوزاخ غەزەبتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ﴾. (سۈرە مۈلك 7 ـ، 8 ـ ئايەتلەر) جەھەننەمنىڭ كۆرىدىغانلىقى ۋە غەزەبلىنىدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. بۇ ئىبارە كۆچمە ۋە ئىستىئارە ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن دوزاخنىڭ خاراكتېرىدە ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئاڭ ـ سېزىم قابىلىيىتى يارىتىش ھېچ مۇشكۇل ئەمەستۇر. چۈنكى ئاللاھ خالىغىنىنى قىلالايدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا دوزاخقا سۆزلەش ئىقتىدارىمۇ ئاتا قىلىدۇ، ئۇ ﴿يەنە بارمۇ؟﴾ دەپ توۋلايدۇ. (سۈرە قاف 30 ـ ئايەت)

④ يەنى دوزىخىيلار دوزاخنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ، ئۆلۈپ بىراقلا يوق بولۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارغا: ﴿بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ)﴾. دېمەك ئەمدى سىلەر ھەر تۈرلۈك ئازابلار ئىچىدە مەڭگۈ قالىسىلەر، يەنى ئەمدى ئۆلۈم يوق، قاچانغىچە ئۆلۈم تىلەيسىلەركىن!

⑤ بۇ يەردىكى «شۇ» دوزىخىيلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا تاشلىنىدىغان دوزاختىكى مەزكۇر ئازابلارغا ئىشارەتتۇر. يەنى كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ جازاسى بولغان شۇ دوزاخ ياخشىمۇ ياكى تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەت ياخشىمۇ؟ بۇ سوئال دوزاختا سورىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىپ، كۆز بىلەن كۆرگەندەك تەسۋىرلىنىشى كىشىلەر دوزىخىيلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالسۇن، توغرا يولنى تاللىسۇن، يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىپ قالسۇن ئۈچۈندۇر.

لَّهُمۡ فِيهَا مَا يَشَآءُونَ خَٰلِدِينَۚ كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ وَعۡدٗا مَّسۡـُٔولٗا ﴿١٦﴾
وَيَوۡمَ يَحۡشُرُهُمۡ وَمَا يَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَقُولُ ءَأَنتُمۡ أَضۡلَلۡتُمۡ
عِبَادِي هَٰٓؤُلَآءِ أَمۡ هُمۡ ضَلُّواْ ٱلسَّبِيلَ ﴿١٧﴾ قَالُواْ سُبۡحَٰنَكَ مَا كَانَ
يَنۢبَغِي لَنَآ أَن نَّتَّخِذَ مِن دُونِكَ مِنۡ أَوۡلِيَآءَ وَلَٰكِن مَّتَّعۡتَهُمۡ
وَءَابَآءَهُمۡ حَتَّىٰ نَسُواْ ٱلذِّكۡرَ وَكَانُواْ قَوۡمَۢا بُورٗا ﴿١٨﴾

*ئۇلارغا جەننەتتە نېمىنى خالىسا شۇ بار بولىدۇ، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ رەببىڭدىن (ئىشقا ئاشۇرۇش) تىلىنىدىغان ۋەدىدۇر① [16]. ئاللاھ شۇ كۈندە ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرىنى يىغىدۇ. ئاندىن (ئۇلارغا): «مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ ياكى (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ② [17]. (ئۇ چوقۇنۇلغۇچى نەرسىلەر زۇۋانغا كېلىپ) ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش (يەنى سەندىن باشقىغا چوقۇنۇش) بىزگە (ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن ھېچكىمگە) لايىق ئەمەس③ ، لېكىن سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى شۇ قەدەر نېمەتكە چۆمدۈردۈڭكى، ئۇلار سېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇدى. ئۇلار ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدى»④ [18].*

① يەنى بۇ قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدىغان قەرزدەك، چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ۋەدىدۇر. بۇ ۋەدىنى ئاللاھ تائالا ئۆز زىممىسىگە پەرز قىلدى. مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالادىن ئۇنى تەلەپ قىلالايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرىمى بولۇپ، مۆئمىنلەرگە شۇنداق ئېسىل مۇكاپات بېرىشنى ئۆزىگە مەجبۇرىيەت قىلىپ بەلگىلىدى.

② دۇنيادا ئاللاھتىن باشقا چوقۇنۇلغان ۋە كەلگۈسىدە چوقۇنۇلىدىغان نەرسىلەر بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە (تاش، ياغاچ ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن ياسالغان ھەيكەل، بۇت قاتارلىق) جانسىز ھەم ئەقىلسىز شەيئىلەرمۇ بار، يەنە ئەقىل ئىگىلىرى بولغان ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ئۇزەير ئەلەيھىسسالام، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا سالىھ بەندىلەرگە ئوخشاش. ھەتتا چوقۇنۇلغان پەرىشتىلەر ۋە جىنلارمۇ بار.

ئاللاھ تائالا ئەنە شۇ ئەقىلسىز شەيئىلەرگە ئەقىل-ئىدراك، ھېس-تۇيغۇ ۋە سۆزلەش ئىقتىدارى ئاتا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ چوقۇنۇلغان مەبۇدلارنىڭ ھەممىسىدىن: سىلەر بەندىلىرىمنى ئۆزۈڭلارغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇدۇڭلارمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن سىلەرگە چوقۇنۇپ ئازدىمۇ؟ دەپ سورايدۇ.

③ بىز سەندىن باشقىنى ئىبادەتكە لايىق دەپ ئېتىقاد قىلمايدىغان تۇرساق، قانداقمۇ كىشىلەرگە: ئاللاھنى قويۇپ، بىزنى دوست تۇتۇڭلار ۋە بىزگە چوقۇنۇڭلار، دېيەلەيمىز.

④ بەندىلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشى ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىشىدىكى سەۋەب شۇكى، دۇنيانىڭ مال-مۈلۈكلىرى ۋە تۇرمۇش پاراۋانلىقى ئۇلارنى سېنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇردى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بولدى.

فَقَدۡ كَذَّبُوكُم بِمَا تَقُولُونَ فَمَا تَسۡتَطِيعُونَ صَرۡفٗا وَلَا نَصۡرٗاۚ وَمَن
يَظۡلِم مِّنكُمۡ نُذِقۡهُ عَذَابٗا كَبِيرٗا ١٩ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا قَبۡلَكَ مِنَ
ٱلۡمُرۡسَلِينَ إِلَّآ إِنَّهُمۡ لَيَأۡكُلُونَ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشُونَ فِي ٱلۡأَسۡوَاقِۗ
وَجَعَلۡنَا بَعۡضَكُمۡ لِبَعۡضٖ فِتۡنَةً أَتَصۡبِرُونَۗ وَكَانَ رَبُّكَ بَصِيرٗا ٢٠

***(چوقۇنغۇچىلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر چوقۇنغان نەرسىلەر سىلەرنىڭ (ئۇلارنى مەبۇد دېگەن) سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلدى، ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئازابنى توسۇپ قالالمايسىلەر ۋە ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيسىلەر① ، سىلەردىن كىمكى (مۇشرىك بولۇپ، ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىدىكەن② ، ئۇنىڭغا بىز چوڭ ئازابنى تېتىتىمىز [19]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى③ ، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى④ . (ئى ئىنسانلار!) بىز بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق، (بۇ سىناقتا) سەۋر قىلامسىلەر؟ (يەنى بەرداشلىق بېرەلەمسىلەر؟)⑤ رەببىڭ ئەزەلدىن (ھەممىنى ئېنىق) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر⑥ [20].***

① بۇ ئاللاھ تائالا نىڭ سۆزى بولۇپ، مۇشرىكلارغا خىتاب قىلىپ،

شۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئۆزۈڭلار مەبۇدىمىز دەپ ئويلىغان نەرسىلەر سىلەرنى يالغانچىغا چىقىرىۋەتتى، سىلەر كۆردۈڭلاركى، ئۇلار سىلەردىن ئادا-جۇدا بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سىلەر مەدەتكارىمىز دەپ ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ مەدەتكار ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى. ئەمدى سىلەردە مېنىڭ ئازابىمنى قايتۇرغىدەك ۋە ئۆزۈڭلارغا ياردەم بەرگىدەك كۈچ بارمۇ؟

② ئايەتنىڭ سىياقىدىن مەلۇم بولدىكى، بۇ يەردىكى «زۇلۇم» دېگەندىن شېرىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قۇرئاندىكى باشقا ئايەتتىمۇ شېرىك «چوڭ زۇلۇم» دەپ ئاتالغان. مەسىلەن: ﴿إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ ﴿شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر﴾. (سۈرە لوقمان 13-ئايەت)

③ يەنى ئۇلارمۇ يىمەك-ئىچمەككە موھتاج ئىنسان ئىدى.

④ يەنى ھالال رىزىق تېپىش ئۈچۈن، كەسىپ ۋە تىجارەتمۇ قىلاتتى. دېمەك بۇ ئىشلار بەزىلەر ئويلىغاندەك پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىگە زىت كەلمەيدۇ.

⑤ يەنى بىز بويسۇنىدىغانلارنى بويسۇنمايدىغانلاردىن ئايرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئۇلارغا ئىمان ئېيتقانلارنى سىنىدۇق. سىناقتا سەۋر قىلغان ۋە چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلەر مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشتى، باشقىلار سىناقتىن ئۆتەلمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ﴿سىنىدۇق﴾تىن كېيىنلا ﴿(بۇ سىناققا) سەۋر قىلامسىلەر؟ (يەنى بەرداشلىق بېرەلەمسىلەر؟)﴾ دېدى.

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى (يەنى كىمگە بېرىشنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾. (سۈرە ئەنئام 124-ئايەت) ھەدىستىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ماڭا پادىشاھ نەبى (كىتاب بېرىلمىگەن پەيغەمبەر) بولۇش ياكى بەندە رەسۇل (كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەر) بولۇش ھەققىدە تاللاش ئىختىيارى بەردى، مەن بەندە رەسۇل بولۇشنى تاللىدىم». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

﴿ وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ لِقَآءَنَا لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَوۡ
نَرَىٰ رَبَّنَاۗ لَقَدِ ٱسۡتَكۡبَرُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ وَعَتَوۡ عُتُوّٗا كَبِيرٗا ﴿٢١﴾ يَوۡمَ
يَرَوۡنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ لَا بُشۡرَىٰ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُجۡرِمِينَ وَيَقُولُونَ حِجۡرٗا
مَّحۡجُورٗا ﴿٢٢﴾

***بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار): «بىزگە نېمىشقا پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ①، ياكى (بىز نېمىشقا) رەببىمىزنى كۆرمەيمىز» دېيىشتى②. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تولىمۇ چوڭ ساناپ كەتتى ۋە بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى③ [21]. ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىلەرنى كۆرىدىغان كۈندە گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ④، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(جەننەتنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاش سىلەرگە) قەتئىي ھارامدۇر» دەيدۇ⑤ [22].***

① بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار، بىرىنچىسى: بىر ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەننىڭ ئورنىغا، بىر پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسە بولمامدۇ؟ ئىككىنچىسى: پەيغەمبەر بىلەن پەرىشتىمۇ تەڭ ئەۋەتىلگەن بولسا، ئۇ ئىنساندىن بولغان پەيغەمبەرنى تەستىقلىسا، بىزمۇ ئۇنى كۆزىمىز بىلەن كۆرسەك بولمامدۇ؟

② يەنى ئاللاھ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ، مۇھەممەد مېنىڭ پەيغەمبىرىم، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، دېسە بولمامدۇ؟

③ ئۇلارنىڭ بۇنداق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھاكاۋۇرلۇق ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇش ئارقىلىق سىنايدۇ. ناۋادا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەرىشتىلەرنى چۈشۈرسە ياكى ئۆزى زېمىنغا چۈشسە، ئۇ چاغدا سىناق ئېلىشنىڭ ئورنى قالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يارىتىشتىكى ھېكمىتى ۋە تەكۋىنىي ئىرادىسىگە خىلاپ مۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ.

④ ئۇ كۈن ئۆلىدىغان كۈندۇر يەنى بۇ كاپىرلار پەرىشتىلەرنى كۆرۈشنى

ئـارزۇ قىلىـدۇ لېكـىـن ئـۇلار ئۆلۈشـتـىن ئىلگـىرى سـەكرات ھالـىـتـىـدە پەرىشـتـىـلەرنى كۆرگـەن چاغـدا، ئـۇلار ئۇچـۇن ھېـچ خۇشـاللىق بولمايـدۇ، چۈنكـى پەرىشـتـىلەر ئۇلارغـا جەھەننەمنىـڭ ئازابىدىـن خـەۋەر بېرىـدۇ. پەرىشـتـىلەر ھەربـىـر كاپـىرنىـڭ جېنىنى ئالىدىغان چاغـدا: ئـى مـەيـنـەت جان! پاسكىنا تەندىـن چىـق! دەيـدۇ. كاپـىرنىـڭ جېنـى چىقىشقا ئۇنىماي، تەنـنىـڭ ئىچىـدە قېچىشقا باشلايدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن پەرىشـتـىلەر كاپـىرنـى ئۇرىـدۇ ۋە جېنىنى ئالىدۇ. بۇ نۇقتـا سـۈرە ئەنفال 50-ئايـەت ۋە سـۈرە ئەنئام 93-ئايەتتە بايـان قىلىـنـدى. ئەكسـىچە سـەكراتقا چۈشـكـەن مۆئمىنلەرنىـڭ ھالـى كاپىرلارنىـڭ ھالىغـا ئوخشـىمايدۇ. پەرىشـتـىلەر مۆئمىنلەرگـە جەنـنـەت ۋە ئۇنىـڭ نېمەتلـىرى بىلـەن بېشـارەت بېرىـدۇ. سـۈرە ھامىـم سـەجدىدە 30-ئايەتتـىـن 32-ئايەتكىچـە مۇشـۇ نۇقتـا بايـان قىلىـنـىـدۇ. ھەدىسـتە مۇنـداق كەلگـەن: «پەرىشـتـىلەر مۆئمىـنـنىـڭ جېنىغـا: ئـى پـاك تەندىكـى پـاك جـان! راھەت-پاراغـەت، نېمـەت تەرەپكـە چىققىـن، رەببىڭنىـڭ رىزالىقـى تەرەپكـە چىققىـن، دەيـدۇ». (مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد 2-توم، 364-، 365-بەت، سـۈنەنى ئىبنى ماجـە 4262-ھەدىـس) بـەزى مۇپەسسىرلەر مۇنـداق دەيـدۇ: كاپىرلارغـا خۇشـاللىق بولمايدىغان كۈندىـن قىيامـەت كۈنـى كۆزدە تۇتۇلـىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنـداق دەيـدۇ: بـۇ مەنـا بىلـەن ئىلگىرىكى مەنانىـڭ ئارىلىقىـدا زىتلىـق يـوق. چۈنكـى، ئىنسـانىنىڭ ئۆلىدىغـان كۈنىدىمـۇ ۋە قىيامـەت كۈنىدىمـۇ پەرىشـتـىلەر چۈشىـدۇ، مۆئمىنلەرمـۇ ۋە كاپـىرلارمـۇ ئۇلارنـى كۆرىـدۇ. پەرىشـتـىلەر مۆئمىنلەرگـە ئاللاھنىـڭ رەھمىتـى ۋە رازىلىقـى بىلـەن بېشـارەت بېرىـدۇ. كاپىرلارغـا نىجاتلىـق بولمايدىغانلىقـى ۋە زىيـان تارتىدىغانلىقىدىـن خـەۋەر بېرىـدۇ. دېمـەك كاپـىرلار پەرىشـتـىلەرنى كۆرگـەن كۈندە خۇش خەۋەر ئاڭلىمايدۇ.

⑤ ﴿حِجْرًا﴾نىڭ ئەسلىي مەنىسى چەكلـەش، مەنئـى قىلىـش، توختىتىـش. مەسـىلەن: قـازى بىراۋنىـڭ تەجرىبىسـىنىـڭ كەملىكـى ياكـى يېشـىنىـڭ كىچىكلىكىنـى نـەزەردە تۇتـۇپ، ئۇنـى ئـۆز مال-مۈلكىنـى تەسـەررۇپ قىلىشـتىن چەكلەيـدۇ. بۇنـى ئەرەبچىـدە «حَجَـرَ القَـاضِي عَلَى فُـلاَنٍ» (قـازى پالانىنـى تەسـەررۇپ قىلىشـتىن چەكلىـدى) دەپ ئىشلىتىدۇ. مۇشـۇ مەنىگـە ئاساسـەن، خانـە كەئبىنىـڭ سـىرتىدا قالغـان، تامنىـڭ ئىچىگـە ئېلىـپ قويۇلغـان قىسـمى» حِطِّيْمٌ» دېگـەن جايمـۇ "حِجْـرٌ" دەپ ئاتىلىدۇ. ئـۆز ۋاقتىـدا قۇرەيشـلەر بـۇ جاينى خانـە كەئبىگـە قوشـمىغان، شـۇڭا كەئبىنـى تـاۋاپ قىلغاندا تامنىڭ ئىچىدىـن تـاۋاپ قىلىـش چەكلىنىـدۇ. شـۇڭا تامنىـڭ سـىرتىدىن ئايلىنىـپ تـاۋاپ قىلىـش كېـرەك. ئەرەبچىـدە ئەقىلمـۇ «حِجْـرٌ» دەپ

ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئەقىلمۇ ئىنساننى نالايىق ئىشلاردىن چەكلەيدۇ. دېمەك ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، پەرىشتىلەر كاپىرلارغا: سىلەر تەقۋادارلارغا بېرىلىدىغان خۇش خەۋەردىن چەكلەندىڭلار، دەيدۇ. ﴿حِجۡرٗا مَّحۡجُورٗا﴾ يەنى «حَرَامًا مُحَرَّمًا عَلَيْكُمْ» مەنىسى بوگۇن جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى سىلەرگە ھارامدۇر، تەقۋادارلار ۋە مۆئمىنلەرلا جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىقتۇر.

وَقَدِمۡنَآ إِلَىٰ مَا عَمِلُواْ مِنۡ عَمَلٖ فَجَعَلۡنَٰهُ هَبَآءٗ مَّنثُورًا ﴿٢٣﴾
أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ يَوۡمَئِذٍ خَيۡرٞ مُّسۡتَقَرّٗا وَأَحۡسَنُ مَقِيلٗا ﴿٢٤﴾ وَيَوۡمَ
تَشَقَّقُ ٱلسَّمَآءُ بِٱلۡغَمَٰمِ وَنُزِّلَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ تَنزِيلًا ﴿٢٥﴾

***بىز ئۇلارنىڭ قىلغان (بارلىق ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلۋېتىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلۋېتىمىز (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)① [23]. جەننەت ئەھلى ئۇ كۈندە ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ② [24]. شۇ كۈندە ئاسمان بۇلۇت بىلەن بىرلىكتە يېرىلىدۇ③، پەرىشتىلەر ئارقىمۇئارقا چۈشۈرۈلىدۇ [25].***

① ﴿هَبَآءٗ﴾ دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن كىرگەن قۇياشنىڭ نۇرىدا كۆزگە چېلىقىدىغان ناھايىتى كىچىك زەررە يەنى چاڭ-توزان دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنى قول بىلەن تۇتۇش مۇمكىن بولمايدۇ. كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىمۇ قىيامەت كۈنى ئەنە شۇنداق چاڭ-توزاندەك قىممەتسىز يەنى ساۋابسىز بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىمانسىز ھالدا قىلىنغان، ئىخلاس بولمىغان ھەم شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولمىغان ئەمەللەردۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى شەرت تېپىلىشى زۆرۈر: بىرىنچىسى، ئىمان ۋە ئىخلاس. ئىككىنچىسى، شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشتۇر. بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرى قىممىتى يوق چاڭ-توزانغا ئوخشىتىلدى. شۇنىڭدەك باشقا سۈرىلەردىمۇ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى كۈلگە، سەرابقا، ئۈستىگە توپا-چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ)

بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشىتىلدى. بۇ مىساللار ئىلگىرى سۈرە بەقەرە 264-ئايەت، سۈرە ئىبراھىم 118-ئايەت، سۈرە نۇر 29-ئايەتلەردە بايان قىلىندى.

② بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مۆئمىنلەر ئۈچۈن قىيامەتتىكى بۇ دەھشەتلىك كۈن شۇ قەدەر قىسقا ۋە ئۇلارنىڭ ھېسابى شۇنداق ئاسان بولىدۇكى، ئۇلار چۈشتىن بۇرۇن بىكار بولۇپ بولىدۇ. چۈشلۈك ئۇيقۇنى جەننەتتە كىرىپ ئالىلىسى ۋە ھۆرلەر بىلەن بىللە ئۇخلايدۇ، دەيدۇ. بۇ نۇقتا ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: قىيامەتتىكى ھېساب مۆئمىنلەر ئۈچۈن شۇ قەدەر يەڭگىل بولىدۇكى، دۇنيادا بىر پەرز نامازنى ئادا قىلغۇدەك قىسقا بولىدۇ. (مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد 4-توم، 75-بەت)

③ دېمەك ئاسمان يېرىلىپ كېتىدۇ، بۇلۇتلار سايىۋەن بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مەھشەر مەيدانىغا جەم بولغان بارلىق مەخلۇقاتتىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن، بۇلۇتلارنىڭ سايىسى ئىچىدە كېلىدۇ. پەرىشتىلەرمۇ چۈشىدۇ. سۈرە بەقەرە 210-ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك.

ٱلۡمُلۡكُ يَوۡمَئِذٍ ٱلۡحَقُّ لِلرَّحۡمَٰنِۚ وَكَانَ يَوۡمًا عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ عَسِيرٗا ﴿٢٦﴾
وَيَوۡمَ يَعَضُّ ٱلظَّالِمُ عَلَىٰ يَدَيۡهِ يَقُولُ يَٰلَيۡتَنِي ٱتَّخَذۡتُ مَعَ ٱلرَّسُولِ
سَبِيلٗا ﴿٢٧﴾ يَٰوَيۡلَتَىٰ لَيۡتَنِي لَمۡ أَتَّخِذۡ فُلَانًا خَلِيلٗا ﴿٢٨﴾ لَّقَدۡ أَضَلَّنِي
عَنِ ٱلذِّكۡرِ بَعۡدَ إِذۡ جَآءَنِيۗ وَكَانَ ٱلشَّيۡطَٰنُ لِلۡإِنسَٰنِ خَذُولٗا ﴿٢٩﴾
وَقَالَ ٱلرَّسُولُ يَٰرَبِّ إِنَّ قَوۡمِي ٱتَّخَذُواْ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ مَهۡجُورٗا ﴿٣٠﴾
وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَا لِكُلِّ نَبِيٍّ عَدُوّٗا مِّنَ ٱلۡمُجۡرِمِينَۗ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ
هَادِيٗا وَنَصِيرٗا ﴿٣١﴾

*ئۇ كۈندە ھەقىقىي پادىشاھلىق (ھاكىمىيەت) رەھمان ئاللاھقا خاستۇر، كاپىرلار ئۈچۈن ئۇ تولىمۇ قىيىن بىر كۈن بولىدۇ [26]. شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر ئىنسان) ئىككى قولىنى چىشلەپ: «ئىسىت! كاشكى، مەن پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى*

***تۇتسامچۇ، ئىسىت! مەن پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟① قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) ھەقىقەتەن مېنى قۇرئاندىن ئازدۇرۇپتىكەن» دەيدۇ، شەيتان ئىنسانىنى ھەر دائىم (ئازدۇرۇپ، خار ۋە) ياردەمسىز قويىدۇ [27 ـ 29]. پەيغەمبەر ئېيتىدۇكى: «ئى رەببىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق (كىتابتەك) قىلىپ قويدى»② [30]. شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەربىر پەيغەمبەرگە گۇناھكارلار ئىچىدىن دۈشمەنلەرنى قىلدۇق③، (ساڭا) يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر④ [31].***

① بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلمايدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتماسلىق لازىم، چۈنكى ياخشى ھەمراھ ئىنساننى ياخشى يولغا باشلايدۇ، يامان ھەمراھ ئىنساننى يامان يولغا باشلايدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ گۇمراھلىق يولىغا كىرىپ قېلىشى ناچار ئادەملەرنى دوست تۇتقانلىقتىن، يامانلارغا ھەمراھ ۋە ھەمسۆھبەت بولغانلىقتىن بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھەدىستە سالىھلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، پاسىقلاردىن يىراق تۇرۇش ناھايىتى ئوبرازلىق بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. (سەھىھ مۇسلىم 2628-ھەدىسكە قارالسۇن)

② يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەرك ئەتتى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. مۇشرىكلار قۇرئان ئوقۇپ بېرىلىۋاتقاندا قۇرئاننى ئاڭلاتماسلىق ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭ قىلاتتى. بۇمۇ قۇرئاننى تەرك ئەتكەنلىك، تاشلاندۇق قىلىپ قويغانلىق ھېسابلىنىدۇ. يەنە قۇرئانغا ئىشەنمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىقمۇ ئۇنى تەرك ئەتكەنلىك بولىدۇ. قۇرئان ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەسلىك، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلماسلىق، ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن يانماسلىقمۇ ئۇنى تەرك ئەتكەنلىك بولىدۇ. باشقا كىتابلارنى قۇرئاندىن ئەلا بىلگەنلىكمۇ قۇرئاننى تەرك ئەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. يەنى قۇرئاننى تاشلاندۇق (كىتابتەك) قىلىپ قويغانلىق، ئۇنى تاشلىۋەتكەنلىك بولىدۇ. قىيامەت كۈنى بۇنداق قىلغانلارغا قارشى پەيغەمبەر شىكايەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئەرز سۇنىدۇ.

③ يەنى ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭنىڭ ئىچىدىكى قۇرئاننى تاشلاندۇق

قىلىپ قويغانلار ساڭا دۈشمەن بولغاندەك، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىمۇ پەيغەمبەرلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلار بولغان يەنى ھەربىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن بولغانلار بىر قىسىم گۇناھكار كىشىلەر ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا چاقىراتتى. سۈرە ئەنئام 112-ئايەتتىمۇ مۇشۇ مەزمۇن بايان قىلىندى.

④ يەنى كاپىرلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ لېكىن سېنىڭ رەببىڭ بىر ئادەمگە ھىدايەت ئاتا قىلغان بولسا، ئۇنى ھىدايەتتىن كىم چەكلىيەلەيدۇ؟ ھەقىقىي يېتەكچى ۋە مەدەتكار سېنىڭ رەببىڭدۇر.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ ٱلْقُرْءَانُ جُمْلَةً وَٰحِدَةً
كَذَٰلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِۦ فُؤَادَكَ وَرَتَّلْنَٰهُ تَرْتِيلًا ﴿٣٢﴾ وَلَا يَأْتُونَكَ بِمَثَلٍ
إِلَّا جِئْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ وَأَحْسَنَ تَفْسِيرًا ﴿٣٣﴾ ٱلَّذِينَ يُحْشَرُونَ عَلَىٰ
وُجُوهِهِمْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ أُوْلَٰٓئِكَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٣٤﴾ وَلَقَدْ
ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ وَجَعَلْنَا مَعَهُۥٓ أَخَاهُ هَٰرُونَ وَزِيرًا ﴿٣٥﴾
فَقُلْنَا ٱذْهَبَآ إِلَى ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا فَدَمَّرْنَٰهُمْ تَدْمِيرًا ﴿٣٦﴾
وَقَوْمَ نُوحٍ لَّمَّا كَذَّبُواْ ٱلرُّسُلَ أَغْرَقْنَٰهُمْ وَجَعَلْنَٰهُمْ لِلنَّاسِ ءَايَةً
وَأَعْتَدْنَا لِلظَّٰلِمِينَ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿٣٧﴾ وَعَادًا وَثَمُودَاْ وَأَصْحَٰبَ ٱلرَّسِّ
وَقُرُونًۢا بَيْنَ ذَٰلِكَ كَثِيرًا ﴿٣٨﴾

***كاپىرلار: «نېمىشقا قۇرئان ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە) بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلمىدى؟» دېدى①. بىز ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن شۇنداق (قىلدۇق، يەنى ئۇنى بۆلۈپ - بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، چۈشىنىش ۋە يادلاشقا ئوڭاي بولسۇن دەپ)، ئۇنى دانە - دانە ئوقۇپ بەردۇق② [32]. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ساڭا قانداق بىر مىسالنى (يەنى ئېتىرازنى) كەلتۈرسە، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى كەلتۈردۇق③ [33]. ئۇلار جەھەننەمگە***

*يۈزلىرى بىلەن سۆرىلىپ توپلىنىدۇ، ئەنە شۇلار ئورنى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇن كىشىلەردۇر [34]. شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلدۇق [35]. ئۇلارغا: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار» دېدۇق. (ئۇ قەۋم كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن) ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان (يەنى دەھشەتلىك تۈردە ھالاك) قىلىۋەتتۇق [36]. نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان چاغدا، ئۇلارنى غەرق قىلدۇق ھەمدە ئۇلارنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلدۇق، (ئۇ) زالىملارغا يەنە (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق [37]. ئاد قەۋمىنى، سەمۇد قەۋمىنى، رەس ئاھالىسىنى④ ۋە ئۇلارنىڭ زامانلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنىمۇ (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلدۇق)⑤ [38].*

① ئىلگىرىكى تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق كىتابلار بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلگەندەك، قۇرئانمۇ نېمىشقا بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلمىدى؟

② بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرىدىكى، بىز قۇرئاننى يۈز بەرگەن ئەھۋال ۋە ئېھتىياجغا قارىتا يىگىرمە ئۈچ يىلدا ئاز-ئازدىن چۈشۈردۇق. ئى پەيغەمبەر! بىلگىنكى بۇنىڭدىن مەقسەت سېنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ دىلىنى قۇرئان بىلەن مۇستەھكەم قىلىش ۋە ئۇبدان ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق﴾. (سۈرە ئىسرا 106-ئايەت) قۇرئان كەرىمنىڭ ئاز-ئازدىن تەدرىجىي نازىل قىلىنىشى پات-پات ياغقان يامغۇرغا ئوخشايدۇ. يامغۇر ياغقاندا ئۆلۈك زېمىندا ھاياتلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ بۇ پايدىسى پەقەت يامغۇر پات-پات يېغىپ تۇرغاندىلا كۆرۈلىدۇ، ئەگەر بىر قېتىمدىلا ناھايىتى كۆپ يامغۇر ياغسا، ئۇنداق بولمايدۇ.

③ بۇ ئايەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاز-ئازدىن تەدرىجىي نازىل قىلىنىشىدىكى ھېكمەت ۋە سەۋەبلەر بايان قىلىنىۋاتىدۇ: مۇشرىكلار قانداق بىر سوئال ياكى ئېتىراز يا شۈبھىنى ئوتتۇرىغا قويمىسۇن، قۇرئان

ئارقىلىق ئۇلارغا جاۋاب بەردۇق، ئېتىراز ۋە شۇبھىگە رەددىيە بەردۇق. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىشىغا پۇرسەت بەرمىدۇق.

④ ﴿الرَّسِّ﴾ مەنىسى قۇدۇق دېگەن بولۇپ، ﴿اَصْحٰبَ الرَّسِّ﴾ قۇدۇق ئىگىلىرى دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ قايسى قۇدۇق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتە مۇپەسسىرلەر ھەر خىل قاراشلاردا بولغان. ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرىي: بۇ سۈرە بۇرۇجدا تىلغا ئېلىنغان قۇدۇق ئىگىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن.

⑤ ﴿قُرُوْن﴾نىڭ بىرلىكى ﴿قَـرْنٌ﴾ بولۇپ، ئۇنىڭ توغرا مەنىسى بىر ئەسىردە ياشىغان كىشىلەر توپى دېمەكتۇر. بىر ئەۋلاد كىشىلەر تۈگىگەندىن كېيىن كەلگەن يەنە بىر ئەۋلاد كىشىلەر ﴿قَرْنٌ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) مۇشۇ مەنىگە ئاساسەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىمۇ بىر ﴿قَرْنٌ﴾ بولىدۇ.

وَكُلًّا ضَرَبْنَا لَهُ ٱلْأَمْثَـٰلَ ۖ وَكُلًّا تَبَّرْنَا تَتْبِيرًا ﴿٣٩﴾ وَلَقَدْ أَتَوْا۟ عَلَى ٱلْقَرْيَةِ
ٱلَّتِىٓ أُمْطِرَتْ مَطَرَ ٱلسَّوْءِ ۚ أَفَلَمْ يَكُونُوا۟ يَرَوْنَهَا ۚ بَلْ كَانُوا۟ لَا
يَرْجُونَ نُشُورًا ﴿٤٠﴾ وَإِذَا رَأَوْكَ إِن يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا أَهَـٰذَا ٱلَّذِى
بَعَثَ ٱللَّهُ رَسُولًا ﴿٤١﴾ إِن كَادَ لَيُضِلُّنَا عَنْ ءَالِهَتِنَا لَوْلَآ أَن صَبَرْنَا
عَلَيْهَا ۚ وَسَوْفَ يَعْلَمُونَ حِينَ يَرَوْنَ ٱلْعَذَابَ مَنْ أَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٤٢﴾

***ھەربىر قەۋمگە (ھەقىقەتنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى بايان قىلىپ) مىساللارنى كەلتۈردۇق①، (نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلدۇق② [39]. ئۇلار (مەككىلىكلەر) ھەقىقەتەن (شامغا بېرىپ كېلىشتە) پالاكەت يامغۇرى (يەنى تاش) ياغدۇرۇلغان شەھەردىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ③، ئەجەبا ئۇلار ئۇنى كۆرمەمدۇ؟ (يەنى ئىبرەت ئالمامدۇ؟) بەلكى، ئۇلار (ئاخىرەتتىكى) تىرىلىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ④ [40]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سېنى كۆرسىلا مەسخىرە نىشانى قىلىۋېلىپ: «ئاللاھ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەم مۇشۇمۇ؟⑤ ئەگەر بىز ئىلاھلىرىمىزغا (چوقۇنۇشتا) چىڭ تۇرمىغان بولساق، (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن***

***ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتىكەن» (دېيىشتى)⑥. كىمنىڭ يولنىڭ ئەڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىپ قالىدۇ⑦ [41 ـ 42].***

① يەنى بىز ئۇلارغا دەلىل ـ پاكىتلار ئارقىلىق ھەقىقەتنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردۇق.

② دەلىل-پاكىتلارنى ئۇچۇق بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق.

③ بۇ يەردىكى «شەھەر» لۇت قەۋمى ياشىغان سەدۇم ۋە ئەمۇر قاتارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ. «پالاكەت يامغۇرى» دېگەن تاش يامغۇرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى دۇم كۆمتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاشلار ياغدۇرۇلغان ئىدى. بۇ ۋەقە سۈرە ھۇد 82-ئايەتتە بايان قىلىندى. بۇ شەھەر شام ۋە يەلەستىنگە بارىدىغان يولغا توغرا كېلەتتى، مەككە ئەھلى شامغا بېرىپ-كېلىشتە ئۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇراتتى.

④ شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئاھالىسى ھالاك قىلىنغان شەھەر خارابىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئىبرەت ئالمايدۇ. يەنە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ.

⑤ يەنە بىر سۈرىدە مۇنداق كەلگەن: ﴿سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم مۇشۇمۇ؟﴾. (سۈرە ئەنبىيا 36-ئايەت) يەنى ئۇ، مەبۇدلىرىڭلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، دەۋاتامدۇ؟ شۇنداق دېگەنلىك مۇشرىكلارنىڭ نەزىرىدە مەبۇدلىرىنى كەمسىتكەنلىك ھېسابلىناتتى. بۇ خۇددى بۈگۈنكى قەبرىگە چوقۇنغۇچىلارغا: «قەبرىدە ياتقان بۈزرۈكلارنىڭ كائىنات ئىشلىرىدا تەسەررۇپ قىلىش ئىقتىدارى يوق» دېيىلسە، ئۇلار: «بۇ ئەۋلىيالارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

⑥ يەنى بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋي دىنىغا ئەگىشىشتە چىڭ تۇرغانلىقتىن، بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كەچمىدۇق، ئۇنداق بولمىغان بولسا، مۇھەممەد بىزنى ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتىكەن. ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇ سۆزىنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ شېرىككە

قانچىلىك پاتقانلىقىنى، يەنە تېخى ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەردى.

⑦ يەنى بۇ دۇنيادا مۇشرىكلار ۋە ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنغۇچىلارغا تەۋھىد ئەھلى گۇمراھ كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قالغاندا، ئاندىن كىمنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئازغۇنلار بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغانلارمۇ ياكى ئاللاھتىن باشقا كۆپ نەرسىلەرگە چوقۇنغۇچىلارمۇ؟ بۇنى ئازابنى كۆرگەندە بىلىدۇ.

أَرَءَيۡتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَٰهَهُۥ هَوَىٰهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيۡهِ وَكِيلًا ﴿٤٣﴾ أَمۡ
تَحۡسَبُ أَنَّ أَكۡثَرَهُمۡ يَسۡمَعُونَ أَوۡ يَعۡقِلُونَۚ إِنۡ هُمۡ إِلَّا كَٱلۡأَنۡعَٰمِ بَلۡ
هُمۡ أَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٤٤﴾ أَلَمۡ تَرَ إِلَىٰ رَبِّكَ كَيۡفَ مَدَّ ٱلظِّلَّ وَلَوۡ شَآءَ
لَجَعَلَهُۥ سَاكِنٗا ثُمَّ جَعَلۡنَا ٱلشَّمۡسَ عَلَيۡهِ دَلِيلٗا ﴿٤٥﴾ ثُمَّ قَبَضۡنَٰهُ
إِلَيۡنَا قَبۡضٗا يَسِيرٗا ﴿٤٦﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ سەن ئۇنىداق ئادەمگە ھامىي بولالامسەن؟① [43]. ياكى سەن ئۇلارنىڭ تولىسىنى (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ ئويلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر② [44]. رەببىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟③ ئەگەر خالىسا، ئۇنى ئەلۋەتتە مۇقىم قىلاتتى④، ئاندىن بىز قۇياشنى سايىگە دەلىل قىلدۇق (يەنى كۈننىڭ چىققانلىقىنى سايىنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلدۇق)⑤ [45]. ئاندىن ئۇنى (يەنى سايىنى) ئۆزىمىز تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا تارتتۇق (يىغىۋالدۇق)⑥ [46].*

① يەنى نەپسى خاھىشىغا نېمە چىرايلىق كۆرۈنسە، شۇنى ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ھايات نىزامى قىلىۋالغان ئادەمنى سەن ھىدايەت قىلالامسەن؟

ياكى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرالامسەن؟ يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى (ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟) ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ). شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾ (سۈرە فاتىر 8-ئايەت) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئۆتكەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ بىر ئاق تاشقا بىر مەزگىل چوقۇناتتى، كېيىن باشقا بىر تاش ئۇنىڭدىن چىرايلىقراق كۆرۈنسە، بۇرۇنقىسىنى تاشلىۋېتىپ، چىرايلىق كۆرۈنگەن تاشقا چوقۇنۇشقا باشلايتتى، دېدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) دېمەك ئۇ ئەنە شۇنداق ئەقىل-ئىدراكسىز، نەپسى-خاھىشىنى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمدۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇنى ھىدايەت يولىغا كىرگۈزەلەمسەن؟ ياق، كىرگۈزەلمەيسەن.

② يەنى ھايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئەمما بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىنسانلار، پەيغەمبەرلەر ئەسكەرتىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇپ يۈرىدۇ. دېمەك مۇشۇ نۇقتىدىن ئەنە شۇنداق ئىنسانلار ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ۋە ئېغىر ئازغۇنلۇقتا قالغانلاردۇر.

③ بۇ يەردىن باشلاپ تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى بايان قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتقا سايىنى قانداق سوزغانلىقىغا قاراڭلار! بۇ سايە سۈبھىدىن باشلاپ كۈن چىققۇچە تۇرىدۇ يەنى بۇ ۋاقىتتا ئاپتاپ بولمايدۇ. ئاپتاپ چىقىشى بىلەن سايە قاتلىنىپ، كىچىكلەپ ئاستا-ئاستا يوقىلىشقا باشلايدۇ.

④ يەنى ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سايىنى يوقاپ كەتمەي داۋاملىق تۇرىدىغان قىلاتتى، كۈن چىقىشى بىلەن سايە يوق بولۇپ كەتمەيتتى.

⑤ يەنى پەقەت ئاپتاپ ئارقىلىق سايىنىڭ بارلىقى بىلىنىدۇ. ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ زىتى بىلەن تونۇلىدۇ. ئەگەر قۇياش چىقمىغان بولسا، كىشىلەر سايىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى.

⑥ يەنى ئاندىن بىز ئۇ سايىنى ئاستا - ئاستا ئۆزىمىز تەرەپكە تارتىمىز،

يىغىمىز. ئۇنىڭ ئورنىنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىگىلەيدۇ.

وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ لِبَاسًا وَٱلنَّوۡمَ سُبَاتًا وَجَعَلَ ٱلنَّهَارَ
نُشُورًا ﴿٤٧﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَرۡسَلَ ٱلرِّيَٰحَ بُشۡرَۢا بَيۡنَ يَدَىۡ رَحۡمَتِهِۦۚ
وَأَنزَلۡنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً طَهُورًا ﴿٤٨﴾ لِّنُحۡـِۧىَ بِهِۦ بَلۡدَةً مَّيۡتًا
وَنُسۡقِيَهُۥ مِمَّا خَلَقۡنَآ أَنۡعَٰمًا وَأَنَاسِىَّ كَثِيرًا ﴿٤٩﴾ وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَٰهُ
بَيۡنَهُمۡ لِيَذَّكَّرُواْ فَأَبَىٰٓ أَكۡثَرُ ٱلنَّاسِ إِلَّا كُفُورًا ﴿٥٠﴾

***ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى لىباس (يېپىنچا)① ، ئۇيقۇنى (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت② ، كۈندۈزنى (تىرىكچىلىك ئۈچۈن زېمىندا) تارقىلىدىغان ۋاقىت③ قىلغان زاتتۇر [47]. ئاللاھ رەھمىتى (بولغان يامغۇر) نى ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇش خەۋەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتتۇر، بىز ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان نۇرغۇن ھايۋانلارنى ۋە ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ئاسماندىن پاك سۇنى④ چۈشۈرۈپ بەردۇق [48 - 49]. شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ تۇردۇق (يەنى گاھ ئۇ يەرگە، گاھ بۇ يەرگە ياغدۇرۇپ بەردۇق)⑤. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ) ئىنسانلارنىڭ تولىسى كۇفۇرلۇقتىن باشقىسىغا ئۇنىمىدى⑥ [50].***

① يەنى كىيىم ۋە يېپىنچا ئىنساننىڭ جىسمىنى ئوراپ ئالغاندەك، كېچە سىلەرنى ئۆز قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئوراپ ئالىدۇ.

② ﴿سُبَاتًا﴾ ئۈزمەك دېگەن مەنىدە. ئۇيقۇ ئىنساننىڭ جىسمىنى ھەرىكەتتىن ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى سوزۇلماق دېگەن مەنىدە ئالىدۇ، ئۇخلىغاندا ئىنسان تۆشەكتە سوزۇلۇپ ياتىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇيقۇ ﴿سُبَاتًا﴾ «راھەت، ئارام» دەپ ئاتالغان. (ئەيسەر تەپاسىر ۋە فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشىدۇر، ئىنسان كېچىسى ئۇخلاپ،

كۈندۈزى كەسىپ-تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئويغىنىپ، ئورنىدىن تۇرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەندە ئويقۇدىن ئويغانغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «اَلْحَمْدُ لله الَّذِيْ أَحْيَانَا بَعْدَمَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُوْرُ «(بىزنى ئۇيقۇ بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر) » (سەھىھۇل بۇخارى 6324-ھەدىس)

④ «طَهُوْرًا»نىڭ «ط» ھەرپى زەۋەرلىك ئوقۇلغاندا پەئۇلۇن ۋەزنىگە چۈشىدۇ، مەنىسى ئىش قىلىدىغان سايمان يەنى تازىلىق قىلىدىغان نەرسە دېگەن بولىدۇ. بۇ خۇددى ئەرەب تىلىدا تاھارەت ئالىدىغان سۇنى «وضوء »، يېقىلغۇنى «وقود» دەپ ئاتىغانغا ئوخشايدۇ، مۇشۇ مەنىگە ئاساسەن سۇ «طَاهِرٌ» ئۆزى پاك ھەم «مُطَهِّرٌ » ئۆزگىنى پاك قىلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ھەدىستە :«سۇ پاكتۇر، ئۇنى ھېچنەرسە ناپاك قىلالمايدۇ» دەپ كەلگەن. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 67-ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 66-ھەدىس، سۇنەنى نەسائى 327-ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە 520-ھەدىس)ئەمما ئەگەر سۇنىڭ رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇنداق سۇ ناپاك ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىمۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان.

⑤ يەنى بىز يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئارىلاپ-ئارىلاپ ياغدۇردۇق. يەنى ئاللاھ تائالا گاھ بىر شەھەرگە، گاھ يەنە بىر شەھەرگە يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ھەتتا بەزىدە بىر شەھەرنىڭ بىر بۆلۈكىگە يامغۇر ياغسا، يەنە بىر بۆلۈكىگە ياغمايدۇ، بەزىدە بۇ تەرەپتە يامغۇر ياغسا، يەنە بىر تەرەپتە ياغمايدۇ. بۇنداق قىلىشتا ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بار، ئۇ خالىغا يەرگە يامغۇر ياغدۇرىدۇ، خالىمىغان يەرگە ياغدۇرمايدۇ، بەزىدە بىر مەملىكەتكە يامغۇر ياغدۇرسا، بەزىدە باشقا بىر مەملىكەتكە ياغدۇرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿صَرَّفْنٰهُ﴾دىكى «ھـ» ئالماش قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «قۇرئان كەرىمنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۆلۈپ-بۆلۈپ (ھەر خىل ئۇسلۇبلاردا) بايان قىلدۇق».

⑥ يەنە يامغۇرنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياغدى دېمەستىن، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەردەك، مەلۇم يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ياغدى دېيىشمۇ كۇفۇرلۇق، تۇزكورلۇق ۋە ناشۈكۈرلۈكتۇر. ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن.

وَلَوۡ شِئۡنَا لَبَعَثۡنَا فِي كُلِّ قَرۡيَةٖ نَّذِيرٗا ﴿٥١﴾ فَلَا تُطِعِ ٱلۡكَٰفِرِينَ
وَجَٰهِدۡهُم بِهِۦ جِهَادٗا كَبِيرٗا ﴿٥٢﴾ ۞ وَهُوَ ٱلَّذِي مَرَجَ ٱلۡبَحۡرَيۡنِ
هَٰذَا عَذۡبٞ فُرَاتٞ وَهَٰذَا مِلۡحٌ أُجَاجٞ وَجَعَلَ بَيۡنَهُمَا بَرۡزَخٗا
وَحِجۡرٗا مَّحۡجُورٗا ﴿٥٣﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ مِنَ ٱلۡمَآءِ بَشَرٗا فَجَعَلَهُۥ
نَسَبٗا وَصِهۡرٗاۗ وَكَانَ رَبُّكَ قَدِيرٗا ﴿٥٤﴾ وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا
يَنفَعُهُمۡ وَلَا يَضُرُّهُمۡۗ وَكَانَ ٱلۡكَافِرُ عَلَىٰ رَبِّهِۦ ظَهِيرٗا ﴿٥٥﴾ وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ
إِلَّا مُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا ﴿٥٦﴾ قُلۡ مَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍ إِلَّا مَن
شَآءَ أَن يَتَّخِذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلٗا ﴿٥٧﴾ وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱلۡحَيِّ ٱلَّذِي لَا يَمُوتُ
وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِهِۦۚ وَكَفَىٰ بِهِۦ بِذُنُوبِ عِبَادِهِۦ خَبِيرًا ﴿٥٨﴾ ٱلَّذِي خَلَقَ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَا فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى
ٱلۡعَرۡشِۚ ٱلرَّحۡمَٰنُ فَسۡـَٔلۡ بِهِۦ خَبِيرٗا ﴿٥٩﴾

**ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە ھەربىر شەھەرگە بىردىن ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتەتتۇق① [51]. (سېنى زېمىن ئەھلىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق) شۇنىڭ ئۈچۈن سەن كاپىرلارغا بويسۇنمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن چوڭ كۈرەش قىلغىن② [52]. ئاللاھ (قۇدرىتى بىلەن) بىرى شېرىن، تاتلىق، بىرى تۇزلۇق ئاچچىق بولغان③ ئىككى دېڭىزنى بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ بولغان ھالدا قويۇۋەتكەن ۋە (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (كۆرۈنمەيدىغان) توسما ۋە مۇستەھكەم پاسىل بەرپا قىلغان زاتتۇر④ [53]. ئاللاھ ئىنساننى ئابمەنىيدىن يارىتىپ، ئۇنى نەسەبلىك ۋە قۇدا ـ باجىلىق قىلغان زاتتۇر⑤، رەببىڭ ئەزەلدىن ھەممىگە قادىردۇر [54]. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، مۇشرىكلار) ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، كاپىر ئىنسان ھەر دائىم رەببىگە قارشى تۇرۇپ (شەيتانغا ياردەمچى بولۇپ) كەلدى [55]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز**

**سىنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) قىلىپلا ئەۋەتتۇق [56]. سەن (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن بۇنىڭغا (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت خالىغان كىشىلەرنىڭ رەببىگە تەرەپكە يول ئېلىشىنىلا تىلەيمەن»⑥ [57]. (ھەممە ئىشىڭدا) ھېچ ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ئاللاھقا تايانغىن، ئۇنى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن، ئۇ بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا يېتەرلىكتۇر [ 58]. ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىگەن زاتتۇر. ئۇ رەھماندۇر. سەن بۇنى بىلىدىغان زاتتىن (يەنى ئاللاھتىن) سورىغىن [59].**

① لېكىن بىز ئۇنداق قىلمىدۇق، پەقەت سېنىلا ھەممە شەھەرلەرگە ھەتتا بارلىق ئىنسانلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) قىلىپ ئەۋەتتۇق.

② ﴿جَاهِدْهُمْ بِهِ﴾دىكى « ھـ » ئالماش قۇرئاننى كۆرسىتىدۇ يەنى بۇ قۇرئان ئارقىلىق جىھاد قىلغىن يەنى كۆرەش قىلغىن. بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغاچقا، جىھاد قىلىش بۇيرۇقى تېخى چۈشمىگەن ئىدى. شۇڭا ئايەتنىڭ مەنىسى، قۇرئاننىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرىنى ئوچۇق بايان قىلغىن، كاپىرلارغا تەييارلانغان ئازاب ۋە يامان ئاقىۋەتلەرنى ئوچۇق چۈشەندۈرگىن، دېگەن بولىدۇ.

③ تاتلىق سۇ «فۇرات» دەپ ئاتىلىدۇ. ﴿فُرَاتٌ﴾نىڭ سۇندۇرۇش ۋە كېسىش دېگەن مەنىسمۇ بار، چۈنكى تاتلىق سۇ ئۇسسۇزلۇقنى كېسىدۇ يەنى يوق قىلىدۇ. ﴿أُجَاجٌ﴾ ناھايىتى ئاچچىق ياكى چۈچۈمەل دېگەن مەنىدە.

④ بۇ توسما ئىككى دېڭىزنى ئارىلىشىپ كېتىشتىن توسۇپ تۇرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿حِجْرًا مَّحْجُورًا﴾ نىڭ مەنىسىنى «حَرامًا مُحَرَّمًا» دەپ ئالىدۇ يەنى تاتلىق سۇنىڭ تۇزلۇق بولۇپ كېتىشى؛ تۇزلۇق سۇنىڭ تاتلىق بولۇپ كېتىشى چەكلەندى، ھارام قىلىندى، دېگەن بولىدۇ، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿مَرَجَ الْبَحْرَيْنِ﴾نى «خَلَقَ المَائَيْنِ «ئىككى سۇنى ياراتتى، بىرى تاتلىق، يەنە بىرى ئاچچىق دەپ تەپسىر قىلىدۇ. تاتلىق سۇ بولسا دەريالار، قۇدۇقلار ۋە بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى بولۇپ، ئىنسانلار ياشايدىغان

جايلاردا تېپىلىدۇ، بۇ سۇلار كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. تۇزلۇق سۇ بولسا، شەرق ۋە غەربكە يېيىلغان دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ سۇلىرىدۇر. زېمىننىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى چوڭ دېڭىز-ئوكيانلار ئىگىلەيدۇ، قالغان بىر قىسمىنى قۇرۇقلۇق ئىگىلەيدۇ، پەقەت مۇشۇ بىر قىسمىدا ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ياشايدۇ. دېڭىز سۈيى ئادەتتە ئاقماي تىنچ تۇرىدۇ، بەزىدە ئاينىڭ تارتىش كۈچى سەۋەبىدىن دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، شامال چىققاندا دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دېڭىز سۈيىنى تۇزلۇق قىلىپ يارىتىشىدا بۈيۈك ھېكمەت بار. تاتلىق سۇ ئۇزۇن مۇددەت بىر يەردە تۇرسا، بۇزۇلۇپ قالىدۇ، سۇنىڭ تەمى، رەڭگى، پۇرىقى ئۆزگىرىدۇ. تۇزلۇق سۇ بۇزۇلمايدۇ، ئۇنىڭ تەمى، رەڭگى، پۇرىقى ئۆزگەرمەيدۇ. ناۋادا ئاقماي تىنچ تۇرغان دېڭىزنىڭ سۈيمۇ تاتلىق بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان سېسىق پۇراقتىن ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار زېمىندا ياشىيالمىغان بولاتتى. دېڭىزلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارمۇ ئېغىر بۇلغىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان بولاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن نەچچە مىڭ ئەسىرلەردىن بېرى دېڭىزلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، دېڭىزلاردا مىڭلىغان ھايۋانلار ئۆلۈپ تۇردى، بىراق سۇلىرى سېسىپ كەتمىدى. ئاللاھ تائالا بۇ دېڭىزلاردىكى تۇزنىڭ مىقدارىنى شۇنداق ئۆلچەملىك تەڭشىگەنكى، دېڭىزلارنىڭ سۈيىدە ئازراقمۇ سېسىق پۇراق پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن ھاۋامۇ ساپ، سۈيمۇ پاك، ھەتتا ئۇنىڭدا ئۆلۈپ قالغان جانلىقلارمۇ ھالالدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دېڭىزنىڭ سۈيى بىلەن تاھارەت ئالساق بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: «دېڭىزنىڭ سۈيى پاكتۇر. ئۆلۈكى (ئۇنىڭدا ئۆلۈپ قالغان جانلىق) ھالالدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 83-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 69-ھەدىس، سۈنەنى نەسائى 333-ھەدىس ۋە سۈنەنى ئىبنى ماجە 387-ھەدىس، ئىمام مالىك 47-ھەدىس)

⑤ ﴿نَسَبًا﴾ نەسەب دېگەن ئاتا ۋە ئانا تەرەپ تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿صِهْرًا﴾ «قۇدا-باجىلىق» دېگەن توي قىلغاندىن كېيىنكى ئايال تەرەپ تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا قۇدا-باجا بولۇشتىن كېلىپ چىققان تۇغقانلىشىشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككى خىل تۇغقانچىلىققا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار سۈرە نىسانىڭ 22-، 23-ئايەتلىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى. ئەمما ئېمىلدەشتىن كېلىپ چىققان تۇغقانچىلىق، ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، نەسەب جەھەتتىكى تۇغقانچىلىقنىڭ

قاتارىغا كىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نەسەب سەۋەبلىك نىكاھلىنىش ھارام بولغانلار ئېمىلدەش سەۋەبلىك ھارام بولغانلارغا ئوخشاشتۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 2645ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1444ـ ھەدىس)

⑥ يەنى سىلەر رەببىڭلار كۆرسەتكەن يولغا كىرىڭلار، مانا بۇ مېنىڭ تەلىۋىمدۇر.

وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱسْجُدُواْ لِلرَّحْمَٰنِ قَالُواْ وَمَا ٱلرَّحْمَٰنُ أَنَسْجُدُ لِمَا
تَأْمُرُنَا وَزَادَهُمْ نُفُورًا ۩ ﴿٦٠﴾ تَبَارَكَ ٱلَّذِى جَعَلَ فِى ٱلسَّمَآءِ بُرُوجًا
وَجَعَلَ فِيهَا سِرَٰجًا وَقَمَرًا مُّنِيرًا ﴿٦١﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلَّيْلَ
وَٱلنَّهَارَ خِلْفَةً لِّمَنْ أَرَادَ أَن يَذَّكَّرَ أَوْ أَرَادَ شُكُورًا ﴿٦٢﴾ وَعِبَادُ
ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى ٱلْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ ٱلْجَٰهِلُونَ
قَالُواْ سَلَٰمًا ﴿٦٣﴾

*ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «رەھمانغا (يەنى مەرھەمەتلىك ئاللاھقا) سەجدە قىلىڭلار!» دېيىلسە، ئۇلار: «رەھمان دېگەن نېمە؟ بىز سەن بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟» دەيدۇ. (بۇ سۆز) ئۇلارنى (ئىماندىن) تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى① [60]. ئاسماندا بۇرجلارنى②، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغنى (يەنى قۇياشنى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر [61]. ئاللاھ ئىبرەت ئېلىشنى ياكى شۈكۈر قىلىشنى خالىغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى③ ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر [62]. رەھمان ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان سالىھ) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆزلەرنى قىلسا، ئۇلار: «ئامان بولۇڭلار» دەيدۇ (يەنى گۈزەل سۆزلەرنى قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ)④ [63].*

① ﴿الرَّحْمٰـنُ﴾ (ناھايىتى شەپقەتلىك) ۋە ﴿الرَّحِيۡمُ﴾ (ناھايىتى مېھرىبان) – ئاللاھ تائالا نىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، لېكىن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر ئاللاھ تائالانى بۇنداق ئىسىملار بىلەن تونۇمايتتى. مەسىلەن: ھۇدەيبىيە سۈلھىسى تۈزۈلگەن كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاتىپىغا: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن دەپ يازغىن» دېگەندە، مەككە مۇشرىكلىرى: بىز ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان دېگەن ئىسىمنى تونۇمايمىز، سەن خۇددى بۇرۇنقىدەكلا: سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن ئى ئاللاھ! دەپ يازغىن، دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 1784-ھەدىس، سىيرەت ئىبنى ھىشام 332-بەت) تەپسىلاتى ئۈچۈن سۈرە ئىسرا 110-ئايەت، سۈرە رەئدە 30-ئايەتكە قارالسۇن. بۇ ئايەتتىمۇ ئۇلارنىڭ رەھمان دېگەن ئىسىمنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقى بايان قىلىندى.

② ﴿بُـرُوۡج﴾ «بُرْجٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئىلگىرىكى مۇپەسسىرلەر بۇرجلار چوڭ يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىدۇ دېگەن. ھەممە بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى «ئاسماندا چوڭ يۇلتۇزلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر» دەپ تەپسىر قىلغان. كېيىنكى مۇپەسسىرلەر مۇنداق تەپسىر قىلغان: بۇ يەردىكى «بۇرجلار» (يۇلتۇزلار تۈركۈملىرى) دېگەن ئاسترونومىيە ئالىملىرىنىڭ ئاتالغۇسىدىكى بۇرجلارنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغان يۇلتۇزلار تۈركۈملىرى جەمئىي 88، بۇلارنىڭ ئىچىدە Zodiak بەلۋېغىغا جايلاشقانلىرى (زودىياك ئائىلىسىگە تەۋە بولغانلىرى) 12 چوڭ يۇلتۇز تۈركۈملىرىدۇر. بۇنىڭدىن يەر شارى بىلەن ئاي قۇياشنىڭ باشقا چوڭ پىلانىتلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇياشنى ئايلىنىش جەريانىدا قۇياشنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ۋە يەر شارىدا تۇرۇپ كۆرگىلى بولىدىغان يۇلتۇزلار تۈركۈملىرى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ. بۇلار مۆچەل يۇلتۇز تۈركۈملىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلار: ھەمەل، سور، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد، سۇمبۇل، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەدى، دەلۋە ۋە ھوت قاتارلىقلاردۇر. بۇ بۇرجلار قۇياش ئۆز پىلانىتلىرى بىلەن بىللە بىر يىل ئىچىدە ئايلىنىپ چىقىدىغان سەييارە يۇلتۇزلارنىڭ مەنزىللىرىدۇر. ئۇ پىلانىتلارنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە: مېركۇرىي، ۋېناس، يەر شارى، مارس، يۇپىتېر، ساتۇرن، ئۇرانۇس ۋە نېپتون قاتارلىقلار. بۇ پىلانىتلار ئۆزلىرىنىڭ قەسىرلىرى كەبى

مەزكۇر بۇرجلارغا چۈشىدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر)

③ يەنى كېچە كەتسە، كۈندۈز كېلىدۇ، كۈندۈز كەتسە، كېچە كېلىدۇ. ئىككىسى بىر ۋاقىتتا جەم بولمايدۇ، بۇنىڭ پايدا-مەنپەئەتلىرىنى ھەممە كىشى ئوبدان بىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿خِلْفَةً﴾نىڭ مەنىسى بىرى-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇخالىپ دەپ قارايدۇ، يەنى كېچە بولسا قاراڭغۇ؛ كۈندۈز بولسا يورۇق.

④ ﴿ئامان بولۇڭلار﴾ دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشتىن بۇ يەردە قۇرۇق پاراڭ ۋە مۇنازىرىنى تەرك ئېتىش، دەتالاشتىن يۈز ئۆرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنى مۇئمىنلەر جاھىللار ۋە ئەقىلسىزلەر بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ بەلكى ئۇنداق ئەھۋالدا چىرايلىقچە تەرك ئېتىش ۋە يۈز ئۆرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ، پايدىسىز دەتالاش قىلمايدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَـٰمًا ﴿٦٤﴾ وَٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا
ٱصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ ۖ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا ﴿٦٥﴾ إِنَّهَا سَآءَتْ
مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا ﴿٦٦﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَآ أَنفَقُوا۟ لَمْ يُسْرِفُوا۟ وَلَمْ يَقْتُرُوا۟
وَكَانَ بَيْنَ ذَٰلِكَ قَوَامًا ﴿٦٧﴾

*ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ [64]. ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان سالىھ بەندىلەر) ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! جەھەننەم ئازابىنى بىزدىن يىراق قىلغىن، شەكسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابى (كاپىرلاردىن ئايرىلمايدىغان) مەڭگۈلۈك ئازابتۇر① [65]. جەھەننەم راستىنلا يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر» [66]. ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان سالىھ بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ② [67].*

① بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، رەھماننىڭ بەندىلىرى بىر تەرەپتىن كېچىلەرنى نامازدا تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزسە،

يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قىلغان ئەمەللىرىدە كەمچىلىك ياكى خاتالىق بولۇپ، شۇ سەۋەپتىن ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن پاناھلىق تىلەيدۇ. ئىنسان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە جازاسىدىن قورقۇپ تۇرۇش، قىلغان تائەتلىرىگە مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىك لازىم. بۇنداق مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن) دىللىرى قورقۇپ تۇرۇپ سەدىقە بېرىدىغان كىشىلەر﴾. (سۈرە مۇئمىنۇن 60-ئايەت). ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ھازىر بولۇشتىنلا ئەمەس، بەلكى بەرگەن سەدىقە ۋە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماي قېلىشىدىنمۇ قورقۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى بايان قىلىنغان ھەدىستە: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئايەت ھەققىدە، بۇلاردىن ھاراق ئىچىدىغان ۋە ئوغۇرلۇق قىلىدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلغانمۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، ئى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى! بەلكى بۇلار روزا تۇتىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان، سەدىقە بېرىدىغان كىشىلەردۇر، لېكىن ئۇلار شۇنداق تۇرۇپمۇ ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقىدۇ، دېدى». (سۈنەنى تىرمىزى 3175-ھەدىس)

② ئاللاھ چەكلىگەن يولغا خىراجەت قىلىش ئىسراپچىلىق؛ ئاللاھ بۇيرىغان يولغا خىراجەت قىلماسلىق بېخىللىقتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىتائىتىگە مۇۋاپىق شەكىلدە خىراجەت قىلىش ئايەتتىكى ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىشقا كىرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) شۇنىڭدەك كىشى زىممىسىگە ۋاجىب بولغان خىراجەتلەر بىلەن ئادەتتىكى مۇباھ خىراجەتلەردە ئوتتۇرا ھال چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشمۇ ئىسراپچىلىق قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ، شۇڭا ئاشۇنداق خىراجەتلەردىمۇ بۇزۇپ-چاچماستىن ئوتتۇراھال يول تۇتۇش زۆرۈردۇر.

وَٱلَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ يَلْقَ أَثَامًا ﴿٦٨﴾ يُضَٰعَفْ لَهُ ٱلْعَذَابُ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِۦ مُهَانًا ﴿٦٩﴾ إِلَّا مَن

تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَٰلِحًا فَأُوْلَٰٓئِكَ يُبَدِّلُ ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِهِمْ
حَسَنَٰتٍۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٧٠﴾

***ئۇلار ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ (ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەيدۇ①، زىنا قىلمايدۇ②. كىمكى بۇ (گۇناھلاردىن بىرەرسى)نى قىلىدىكەن، ئۇ (ئاخىرەتتە) جازاغا ئۇچرايدۇ [68]. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ خارلانغان ھالدا ئازاب ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ [69]. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان③، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ④، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر [70 ].***

① ئايەتتە «ناھەق ئۆلتۈرمەيدۇ» دەپ كەلدى، ئىسلامدا ھەقلىق ئادەم ئۆلتۈرۈش مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالدا بولىدۇ: بىرىنچى، ئىسلامغا كىرىپ بولۇپ، كۇفرىغا قايتىۋالغان يەنى مۇرتەد بولغان كىشى. ئىككىنچى، ئايالى بار تۇرۇپ، زىنا قىلغان كىشى. ئۈچىنچى، قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى. بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدا، يەنى مەزكۇر ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ناھەق بولمايدۇ.

② ھەدىستە مۇنداق كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنى ياراتقان ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالاڭنىڭ سەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشىدىن قورقۇپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى مەزكۇر ئايەت تەستىقلايدۇ دەپ، بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4477-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 86-ھەدىس)

③ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، دۇنيادا سەممىي تەۋبە قىلىش بىلەن

ھەر قانداق چوڭ گۇناھلارمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ. سۈرە نىسا 93-ئايەتتىكى: ﴿كىمكى بىر مۆئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾ دېگەن ھۆكۈم تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن قاتىللغا قارىتىلغان. ھەدىستە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ سەممىي تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. (سەھىھ مۇسلىم 2766-ھەدىس)

④ بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى يامان ئىشلارنى قىلىدىغان بولسا، ئەمدى ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئىلگىرى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان بولسا، ئەمدى پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدۇ. ئىلگىرى كاپىرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسا، ئەمدى مۇسۇلمانلار سېپىدە تۇرۇپ، كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ، ۋەھاكازالار... يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، بۇ مەنىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن دوزاختىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ، جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشىنى ئەلۋەتتە تونۇيمەن. ئۇ ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا: ئۇ ئادەمنىڭ چوڭ گۇناھلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ كىچىك گۇناھلىرىدىن سوراڭلار، دەيدۇ. ئۇ ئادەمگە: سەن پالانى، پالانى كۈنى ماۋۇ، ماۋۇ گۇناھلارنى قىلدىڭ، سەن پالانى، پالانى كۈنى ماۋۇ، ماۋۇ گۇناھلارنى قىلدىڭ دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم: شۇنداق دەيدۇ. ئۇ، ئۇ گۇناھلاردىن بىرىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇ ئادەم ئەمدى چوڭ گۇناھلىرىمنى كۆرسىتىدىغان بولدى دەپ قورقۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا: مۇشۇ گۇناھلىرىڭنىڭ ھەربىرىنىڭ ئورنىغا بىر ياخشىلىق بېرىلدى، دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئاللاھنىڭ بۇ قەدەر مېھرىبانلىقىنى كۆرۈپ: ئى رەببىم! مەن نۇرغۇنلىغان گۇناھلارنى قىلغان ئىدىم، ئۇلارنى بۇ يەردە ھېچ كۆرمەيمەنغۇ؟ دەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنى بايان قىلىپ بولۇپ، ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك كۈلۈپ كەتتى. (سەھىھ مۇسلىم 190-ھەدىس)

وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَإِنَّهُۥ يَتُوبُ إِلَى ٱللَّهِ مَتَابًا ﴿٧١﴾ وَٱلَّذِينَ لَا

يَشۡهَدُونَ ٱلزُّورَ وَإِذَا مَرُّواْ بِٱللَّغۡوِ مَرُّواْ كِرَامٗا ﴿٧٢﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَا
ذُكِّرُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ لَمۡ يَخِرُّواْ عَلَيۡهَا صُمّٗا وَعُمۡيَانٗا ﴿٧٣﴾

***كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئۇ ئاللاھقا ھەقىقىي يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ)① [71]. ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان سالىھ بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ② ، بىھۇدە سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە يولۇققاندا، ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ③ [72]. ئۇلارغا رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، گاس ۋە كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ)④ [73].***

① يۇقىرىدىكى ئايەتتە كەلگەن تەۋبە كۇفرى ۋە شېرىكتىن تەۋبە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى، بۇ ئايەتتىكىسى باشقا گۇناھ ۋە خاتالىقلاردىن تەۋبە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

② ﴿ٱلزُّورَ﴾ يالغان دېگەن مەنىدە، ھەر قانداق باتىل نەرسىمۇ يالغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن تارتىپ، كۇفرى، شېرىك، ھەر خىل خاتا ئەمەللەر. مەسىلەن: بىھۇدە سۆز، ئويۇن-تاماشا، ناخشا-ئۇسسۇل، جاھىلىيەتكە مەنسۇپ خۇراپىي ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى مەزكۇر يالغاننىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. رەھمان ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدە تېپىلىدىغان يەنە بىر سۈپەت شۇكى، ئۇلار يالغان ئېيتمايدۇ، يالغان ئېيتىلىدىغان مەجلىس ۋە سورۇنلارغىمۇ بارمايدۇ.

③ شەرئىي جەھەتتىن ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان سۆز-ھەرىكەتلەر «لَغۡوٌ» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى ئۇلار شۇنداق يامان سۆز-ھەرىكەتلەرگىمۇ قاتناشمايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالسا، يېقىن يولىماستىن، ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

④ يەنى ئۇلار نەسىھەتتىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ، نەسىھەتكە غاپىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، ئاڭلىمايدىغان گاستەك ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، كۆزى كۆرمەيدىغان كوردەك بولۇۋالمايدۇ، بەلكى ئۇنى دىققەت بىلەن كۆڭۈل

قويۇپ ئاڭلايدۇ، ئاڭلىغىنىنى تۇتقا ۋە قالقان قىلىپ ياشايدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبۡ لَنَا مِنۡ أَزۡوَٰجِنَا وَذُرِّيَّٰتِنَا قُرَّةَ أَعۡيُنٖ
وَٱجۡعَلۡنَا لِلۡمُتَّقِينَ إِمَامًا ﴿٧٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ يُجۡزَوۡنَ ٱلۡغُرۡفَةَ بِمَا صَبَرُواْ
وَيُلَقَّوۡنَ فِيهَا تَحِيَّةٗ وَسَلَٰمًا ﴿٧٥﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ حَسُنَتۡ مُسۡتَقَرّٗا
وَمُقَامٗا ﴿٧٦﴾ قُلۡ مَا يَعۡبَؤُاْ بِكُمۡ رَبِّي لَوۡلَا دُعَآؤُكُمۡۖ فَقَدۡ كَذَّبۡتُمۡ
فَسَوۡفَ يَكُونُ لِزَامَۢا ﴿٧٧﴾

*ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلغىن)① ، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ② [74]. ئەنە شۇلار (تائەت ـ ئىبادەتتە) چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە ھۆرمەت ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ [75]. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي! [76]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ (دۇئا ۋە ئىبادەت بىلەن) يالۋۇرۇشۇڭلار بولمىسا، رەببىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ③ ، (ئى كاپىرلار!) سىلەر (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلدىڭلار، شۇڭا سىلەر (ئاخىرەتتە) قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا قالىسىلەر»④ [77].*

① يەنى ئۇلارنى ئۆزۈڭگە ئىتائەت قىلىدىغان ۋە بىزگىمۇ بويسۇنىدىغان قىلىپ بېرىش بىلەن بىزنى شادلاندۇرغىن.

② يەنى ئۇلارنى تەقۋالىقتا كىشىلەرگە نەمۇنە قىلغىنكى، ئۇلار ياخشىلىقتا بىز ماڭغان يولدا ماڭسۇن.

③ دۇئا ۋە ئىلتىجا بىلەن يالۋۇرۇش دېگەن ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەش، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش دېمەكتۇر.

بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئۇقۇم شۇكى، سىلەرنىڭ يارىلىشىڭلاردىكى مەقسەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتۇر، ئەگەر ئىبادەت قىلمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھېچ پەرۋا قىلمايدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى ئۇنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە ئىبادەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

④ بۇ ئايەتتە كاپىرلارغا خىتاپ قىلىنىۋاتىدۇ، ئى كاپىرلار! سىلەر ئاللاھنى ئىنكار قىلدىڭلار، ئەمدى ئۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تېتىيسىلەر. دۇنيادا بۇ جازا بەدرى غازىتى بولغان كۈنى كاپىرلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرۈلدى. ئاخىرەتتىمۇ ئۇلار جەھەننەمنىڭ مەڭگۈلۈك ئازابىغا چوقۇم دۇچار بولىدۇ.

# سۈرە شۇئەرا

| (٢٦) سورة الشعراء مكية ٢٢٧ آية | (26) سۈرە شۇئەرا مەككىدە چۈشكەن 227 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

طسٓمٓ ﴿١﴾ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱلْكِتَٰبِ ٱلْمُبِينِ ﴿٢﴾ لَعَلَّكَ بَٰخِعٌ نَّفْسَكَ
أَلَّا يَكُونُوا۟ مُؤْمِنِينَ ﴿٣﴾ إِن نَّشَأْ نُنَزِّلْ عَلَيْهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ءَايَةً
فَظَلَّتْ أَعْنَٰقُهُمْ لَهَا خَٰضِعِينَ ﴿٤﴾ وَمَا يَأْتِيهِم مِّن ذِكْرٍ مِّنَ
ٱلرَّحْمَٰنِ مُحْدَثٍ إِلَّا كَانُوا۟ عَنْهُ مُعْرِضِينَ ﴿٥﴾ فَقَدْ كَذَّبُوا۟ فَسَيَأْتِيهِمْ
أَنۢبَٰٓؤُا۟ مَا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٦﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ إِلَى ٱلْأَرْضِ كَمْ
أَنۢبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍ كَرِيمٍ ﴿٧﴾

***تا، سىيم، مىيم [1]. بۇ (ھەر نەرسىنى) ئېنىق بايان قىلغۇچى كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر [2]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىسەن① [3]. ئەگەر بىز خالايدىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن بىرەر مۆجىزە (ئالامەت) چۈشۈرەتتۇق ـ دە، ئۇلار ئۇنىڭغا (مەجبۇرىي) باش ئەگكەن بولاتتى② [4]. ئۇلارغا رەھمان ئاللاھ تەرىپىدىن يېڭى بىر نەسىھەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز***

***ئۆرۈيدۇ [5]. ئۇلار راستتىنلا (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى (ۋە مەسخىرە قىلدى)، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئىشنىڭ خەۋەرلىرى (يەنى ئازابى) ئۇلارغا ئۇزاققا قالماي كېلىدۇ③ [6]. ئۇلار زېمىنغا قاراپ، ئۇنىڭدا قانچىلىغان تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەنلىكىمىزنى كۆرمىدىمۇ؟④ [7].***

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا كۆيۈمچان ۋە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى، بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ بۇ قىزغىنلىقى تەسۋىرلەندى.

② يەنى بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامالسىز ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇر بولاتتى. لېكىن، بىز ئۇنداق قىلمىدۇق، ئۇنداق قىلساق مەجبۇرلاش بولۇپ قالاتتى. بىز ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بەردۇق، شۇ ۋەجىدىن ئۇنداق بىر مۆجىزە ۋە ئالامەتنى چۈشۈرمىدۇق، يەنى بىز سىناش قانۇنىيىتىمىزگە ئاساسەن ئۇنداق قىلمىدۇق. پەقەت پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق.

③ يەنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاققا قالماي ئازابىمىز ئۇلارنى ئوراپ ئالىدۇ. ئۇلار بۇ ئازابنىڭ كېلىشىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇنى مەسخىرە قىلدى. بۇ ئازاب ئىلگىرىكى قەۋملەرنى ھالاك قىلغاندەك دۇنيادا كېلىشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر دۇنيادا كەلمەي قالسا، ئاخىرەتتە ئۇنىڭدىن ئەسلا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئايەتتە «يۈز ئۆرىگەن ئىشنىڭ خەۋەرلىرى» دېمىدى، بەلكى «مەسخىرە قىلغان ئىشنىڭ خەۋەرلىرى» دېدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن: مەسخىرە قىلىش يۈز ئۆرۈشنى ۋە ئىنكار قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچىدىن: مەسخىرە قىلىش يۈز ئۆرۈشتىن ۋە ئىنكار قىلىشتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

④ ﴿زَوْجٍ﴾نىڭ بىر مەنىسى تۈرلۈك دېمەكتۇر. يەنى زېمىندا ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق، ئۇ ئۆسۈملۈكلەر ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. مەسىلەن: زىرائەتلەر، مېۋىلەر، ھايۋانلار ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. ﴿زَوْجٍ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى جۈپ-جۈپ دېمەكتۇر، يەنى «زېمىندا جۈپ-جۈپ ئېسىل زىرائەتلەرنى ئۆستۈردۇق».

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةًۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٨﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ
ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٩﴾ وَإِذۡ نَادَىٰ رَبُّكَ مُوسَىٰٓ أَنِ ٱئۡتِ ٱلۡقَوۡمَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠﴾ قَوۡمَ فِرۡعَوۡنَۚ أَلَا يَتَّقُونَ ﴿١١﴾ قَالَ رَبِّ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن
يُكَذِّبُونِ ﴿١٢﴾ وَيَضِيقُ صَدۡرِي وَلَا يَنطَلِقُ لِسَانِي فَأَرۡسِلۡ إِلَىٰ
هَٰرُونَ ﴿١٣﴾ وَلَهُمۡ عَلَيَّ ذَنۢبٞ فَأَخَافُ أَن يَقۡتُلُونِ ﴿١٤﴾

***شەكسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) چوڭ ئالامەت بار①، ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنىلا) ئىمان ئېيتمىدى② [8]. سېنىڭ رەببىڭ ھەقىقەتەن (ھەممىگە) غالىبتۇر، (بارچە مەخلۇقاتقا) ناھايىتى مېھرىباندۇر③ [9]. ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ مۇساغا (مۇنداق دەپ) نىدا قىلدى: «سەن زالىم قەۋمنىڭ ــ پىرئەۋن قەۋمىنىڭ يېنىغا بارغىن④، ئۇلار (مېنىڭ جازايىمدىن) قورقمامدۇ؟» [10 ـ 11]. مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن⑤ [12]. (ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشى) يۈرىكىم سىقىلىدۇ، (ئۇنىڭ ئۈستىگە) تىلىم راۋان ئەمەس⑥، شۇڭا (ماڭا ھەمكارلىششى ئۈچۈن) ھارۇنغىمۇ (پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى) ئەۋەتكىن⑦ [13]. ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناھىم بار، (بۇ سەۋەبتىن) ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن»⑧ [14].***

① يەنى ئۆلۈك زېمىندىن مەزكۇر نەرسىلەرنى ياراتقان ئاللاھ، ئىنسانلارنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا يارىتالامدۇ؟

② يەنى ئۇنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر ئىمان ئېيتماستىن، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

③ ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى، ئىنتىقام ئېلىشقا ھەر جەھەتتىن قادىردۇر، ئۇ يەنە ناھايىتى مېھرىبان بولغاچقا ئالدىراپ جازالىمايدۇ، بەلكى ئۇزۇن مۆھلەت بېرىدۇ، مۆھلەت توشقىچە ساقلاپ تۇرىدۇ، مۆھلەت توشقاندىن كېيىن جازالايدۇ.

④ بۇ رەببىنىڭ نىداسى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام

ئايالى بىلەن مەدىيەندىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى، يول ئۈستىدە ئىسسىنىش ئۈچۈن ئوت ئىزدەپ تۇر تېغىغا كېلىپ قالدى. ئۇ يەردە غايىبتىن كەلگەن بىر ئاۋاز ئۇنى قارشى ئالدى، يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نىدا قىلدى، ئۇنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن مۇشەررەپ قىلدى، زالىملارغا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى.

⑤ يەنى ئۇ ناھايىتى مۇتەكەببىر، شۇڭا مېنى ئىنكار قىلارمىكى دەپ قورقىمەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، تەبىئىي قورقۇش پەيغەمبەرلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

⑥ بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى بايان قىلىۋاتىدۇ ياكى مۇيەسسەرلەرنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئۇنىڭ تىلىغا چوغ تېگىپ كەتكەنلىكتىن ئازراق كېكەچ بولۇپ قالغان ئىدى.

⑦ يەنى ئۇنىڭغىمۇ جىبرىل ئارقىلىق ۋەھيي ئەۋەتكىن، ئۇنىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ، ماڭا ياردەمچى قىلغىن.

⑧ بۇ جۈملە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىرادىسىز شەكىلدە سادىر بولغان ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگۈچى قىبتى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن ئىدى، شۇڭا پىرئەۋن ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇسا ئەلەيھىسسالام دەرھال مىسىردىن مەدىيەنگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. گەرچە بۇ ۋەقەگە نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بارسا، قاتىللىق جىنايىتى سادىر قىلغان دەپ تۇتۇپ، ئۆلتۈرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەندىشىسىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى.

قَالَ كَلَّاۖ فَٱذۡهَبَا بِـَٔايَٰتِنَآۖ إِنَّا مَعَكُم مُّسۡتَمِعُونَ ١٥ فَأۡتِيَا فِرۡعَوۡنَ
فَقُولَآ إِنَّا رَسُولُ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١٦ أَنۡ أَرۡسِلۡ مَعَنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ١٧
قَالَ أَلَمۡ نُرَبِّكَ فِينَا وَلِيدٗا وَلَبِثۡتَ فِينَا مِنۡ عُمُرِكَ سِنِينَ ١٨
وَفَعَلۡتَ فَعۡلَتَكَ ٱلَّتِي فَعَلۡتَ وَأَنتَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٩

***ئاللاھ ئېيتتى: «مۇمكىن ئەمەس (ئۇلار سېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيدۇ)، سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار①، شەكسىزكى، بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز، (ھەممىنى) ئاڭلاپ تۇرىمىز② [15]. سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ: ›بىز راستتىنلا ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئەلچىسىمىز [16]. ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز بىلەن قويۇۋەتكىن‹ دەڭلار»③ [17]. (ئۇلار ئەلچىلىكنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن (مۇساغا): «سېنى بىز ئائىلىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيەلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟④ ھاياتىڭدىن ئۇزۇن يىل ئارىمىزدا تۇرمىدىڭمۇ؟⑤ [18]. سەن قىلغان قىلغۇلۇقۇڭنى قىلغانىغۇ؟ (يەنى ئادەم ئۆلتۈرگەنىغۇ؟) سەن تۇزكورلاردىن ئىكەنسەن»⑥ دېدى [19].***

① بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەسكىن بەردى، سىلەر ئىككىڭلار ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، مېنىڭ دەۋىتىمنى يەتكۈزۈڭلار، سىلەر ئەنسىرىگەن ئىشلاردىن بىز سىلەرنى قوغدايمىز. ﴿اٰيٰتِنَا﴾ دېگەندە ھەر پەيغەمبەرگە بىلدۈرۈلىدىغان دەلىل-پاكىتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى ھاسا ۋە ئاق قول قاتارلىق مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سۆزلىرىڭلارنى، ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى بىز ئاڭلاپ تۇرىمىز. شۇڭا قورقۇش ۋە ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. سىلەرگە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى بىز تاپشۇرغانىكەنمىز، سىلەرنى قوغداشقا ھەم بىز مەسئۇلمىز. بىز سىلەرگە مەدەت بېرىپ تۇرىمىز. بۇ ئايەتتىكى ﴿شەكسىزكى، بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز﴾ دېگەن ھەمرا بولۇش مەنىسىدە ئەمەس بەلكى ياردەم بېرىش ۋە كۈچلەندۈرۈش مەنىسىدە كەلگەن.

③ يەنى ئۇنىڭغا دەيدىغان سۆزنىڭ بىرىنچىسى: بىز سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆز خاھىشىمىز بىلەن كەلمىدۇق، بەلكى ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبىرى سۈپىتىدە كەلدۇق. ئىككىنچىسى: سەن (تۆت يۈز يىلدىن بېرى) ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىپ كەلدىڭ، ئەمدى ئۇلارنى ئازات قىلغىن، بىز ئۇلارنى شام زېمىنىغا ئېلىپ كېتەيلى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا شام زېمىنىنى بېرىشنى ۋەدە قىلدى.

④ پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە تەلىۋىنى ئويلىنىپ

باقماستىنلا ئۇنى كەمسىتىشكە باشلىدى ۋە مۇنداق دېدى: سەن بىزنىڭ ئۆيدە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا چوڭ بولمىدىڭمۇ؟ ئۇ چاغلاردا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئوغۇل باللىرىنى ئۆلتۈرىۋېتەتتۇق؟

⑤ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ قەسرىدە ئون سەككىز يىل تۇرغان. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئوتتۇز يىل، بەزى رىۋايەتتە قىرىق يىل تۇرغان. يەنى شۇنچە يىللار بىزنىڭ ئۆيدە ياشىغان تۇرۇپ، بىر قانچە يىل ئۇيەر-بۇيەرلەردە تۇرۇپ كېلىپلا، ئەمدى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ قويىتۇڭمۇ؟

⑥ كېيىن سەن بىز بەرگەن مۇشۇ نېمەتلەرنىڭ بەدىلىگە بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قىلغان ياخشىلىقىمىزغا تۇزكورلۇق قىلدىڭ.

قَالَ فَعَلْتُهَآ إِذًا وَأَنَا۠ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٢٠﴾ فَفَرَرْتُ مِنكُمْ لَمَّا
خِفْتُكُمْ فَوَهَبَ لِى رَبِّى حُكْمًا وَجَعَلَنِى مِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٢١﴾ وَتِلْكَ
نِعْمَةٌ تَمُنُّهَا عَلَىَّ أَنْ عَبَّدتَّ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿٢٢﴾ قَالَ فِرْعَوْنُ وَمَا رَبُّ
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢٣﴾ قَالَ رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَآ ۖ إِن كُنتُم
مُّوقِنِينَ ﴿٢٤﴾ قَالَ لِمَنْ حَوْلَهُۥٓ أَلَا تَسْتَمِعُونَ ﴿٢٥﴾ قَالَ رَبُّكُمْ وَرَبُّ
ءَابَآئِكُمُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٢٦﴾ قَالَ إِنَّ رَسُولَكُمُ ٱلَّذِىٓ أُرْسِلَ إِلَيْكُمْ
لَمَجْنُونٌ ﴿٢٧﴾ قَالَ رَبُّ ٱلْمَشْرِقِ وَٱلْمَغْرِبِ وَمَا بَيْنَهُمَآ ۖ إِن كُنتُمْ
تَعْقِلُونَ ﴿٢٨﴾

***مۇسا ئېيتتى: «مەن ئۇ ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن ئىدىم① [20]. سىلەردىن قورقۇپ، يېنىڭلاردىن قېچىپ كەتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن رەببىم ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەرلەردىن قىلدى② [21]. سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىۋالغان تۇرۇپ، سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلىدىغان ياخشىلىقىڭ شۇمۇ؟»③ [22]. پىرئەۋن ئېيتتى: «ئالەملەرنىڭ رەببى دېگەن***

***نېمە؟»④ [23]. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر (ھەقىقەتكە) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ رەببىدۇر» [24]. پىرئەۋن ئەتراپىدىكىلەرگە: «(ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دېدى⑤ [25]. مۇسا ئېيتتى: «(ئۇ) سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، بۇرۇنقى ئاتا - بوۋاڭلارنىڭمۇ رەببىدۇر» [26]. پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى راستتىنلا مەجنۇن ئىكەن» [27]. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتسەڭلار (بىلىسىلەركى، ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتنىڭ رەببىدۇر»⑥ [28].***

① ئۇنىڭ قىبتىنى ئۆلتۈرۈشى قەستەن ئەمەس ئىدى، ئۇنى بىر مۇش ئۇرۇشى بىلەنلا ئۆلۈپ قالغان ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن نەچچە يىللار ئىلگىرى بولغان بىر ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ «ناداانلاردىن ئىدىم» دېدى، يەنى ئۇ چاغدا ماڭا تېخى پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلىم-ھېكمەت بېرىلمىگەن ئىدى.

② يەنى ئىلگىرى بولغان ئىش ئۆز يولىدا كەتتى. ئەمما، ھازىر مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. ئەگەر ماڭا ئىتائەت قىلساڭ، ئامان قالىسەن، بولمىسا، ھالاكەتكە دۇچار بولىسەن.

③ يەنى سەن ماڭا قىلغان ياخشىلىقنى ئەسكەرتىۋاتىسەن. توغرا، سەن مېنى قۇل قىلمىدىڭ، ئەركىن قويۇپ بەردىڭ، لېكىن سەن مېنىڭ پۈتۈن قەۋمىمنى قۇل قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟ پۈتۈن ئىسرائىل ئەۋلادىغا سالغان زۇلۇملىرىڭغا سېلىشتۇرغاندا ماڭا قىلغان ياخشىلىقنىڭ قانچىلىك قىممىتى بار؟

④ پىرئەۋن بۇ سوئالنى بىر نەرسە بىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەكەببۇرلۇق ۋە ئىنكار قىلىش يۈزىسىدىن سورىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ: ﴿ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾ دەپ دەۋا قىلاتتى. (سۈرە قەسەس 38 - ئايەت)

⑤ يەنى سىلەر ئۇنىڭ مەندىن باشقا مەبۇد بار دېگەن سۆزىدىن ئەجەبلەنمەمسىلەر؟

⑥ يەنى ئۇ مەشرىقنى كۈننىڭ چىقىش ئورنى قىلغان، مەغرىبنى

كۈننىڭ كىرىپ كېتىش ئورنى قىلغان ئاللاھتۇر. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق كائىناتنىڭ رەببى ۋە ئۇلارنى مۇنتىزىم بىر شەكىلدە باشقۇرۇپ تۇرغۇچىمۇ ھەم شۇ ئاللاھتۇر.

قَالَ لَئِنِ ٱتَّخَذْتَ إِلَٰهًا غَيْرِى لَأَجْعَلَنَّكَ مِنَ ٱلْمَسْجُونِينَ ﴿٢٩﴾
قَالَ أَوَلَوْ جِئْتُكَ بِشَىْءٍ مُّبِينٍ ﴿٣٠﴾ قَالَ فَأْتِ بِهِۦٓ إِن كُنتَ مِنَ
ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٣١﴾ فَأَلْقَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِىَ ثُعْبَانٌ مُّبِينٌ ﴿٣٢﴾ وَنَزَعَ يَدَهُۥ
فَإِذَا هِىَ بَيْضَآءُ لِلنَّٰظِرِينَ ﴿٣٣﴾ قَالَ لِلْمَلَإِ حَوْلَهُۥٓ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٌ
عَلِيمٌ ﴿٣٤﴾ يُرِيدُ أَن يُخْرِجَكُم مِّنْ أَرْضِكُم بِسِحْرِهِۦ فَمَاذَا
تَأْمُرُونَ ﴿٣٥﴾

***پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر مەندىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلانغانلار قاتارىدىن قىلىۋېتىمەن»① [29]. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر (راست پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) ئوپئوچۇق بىر دەلىل كەلتۈرسەمچۇ؟ (يەنىلا شۇنداق قىلامسەن؟)»② [30]. پىرئەۋن: «ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، دەلىلىڭنى كەلتۈرگىن» دېدى [31]. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ شۇ ھامان ئېنىق بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى③ [32]. مۇسا قولىنى (قوينىدىن) چىقىرىۋىدى، شۇ ھامان ئۇ قاراپ تۇرغانلارغا ئاپئاق (نۇر) بولۇپ كۆرۈندى④ [33]. پىرئەۋن ئەتراپىدىكى كاتتىباشلارغا ئېيتتى: «بۇ ھەقىقەتەن ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن⑤، ئۇ سېھىر ئارقىلىق سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى. سىلەر (بۇ ھەقتە) ماڭا نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟»⑥ [34 ـ 35]***

① پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك پاكىت بىلەن جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كەلگەندىن كېيىن، دەلىل-پاكىتلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، تەھدىت

سېلىشقا باشلىدى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى زىندانغا تاشلاش بىلەن قورقۇتتى.

② يەنى ئۆزۈمنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان روشەن مۆجىزە كەلتۈرسەممۇ، پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەمسەن؟

③ بەزى ئايەتلەردە ﴿ثُعۡبَانٞ﴾ ﴿حَيَّةٞ﴾ دەپ كەلگەن. بەزى ئايەتتە ﴿جَآنّٞ﴾ دەپ كەلگەن. ﴿ثُعۡبَانٞ﴾ چوڭ يىلان، ﴿جَآنّٞ﴾ بولسا كىچىك يىلاننى كۆرسىتىدۇ. ﴿حَيَّةٞ﴾ دېگەن چوڭ-كىچىك ھەر قانداق يىلاننى كۆرسىتىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) دېمەك ھاسا باشتا كىچىك بىر يىلانغا ئايلانغان ئاندىن يۇتلىرى، چوڭ ئېغىزى بار قورقۇنچلۇق بىر ئەجدىھاغا ئايلانغان. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

④ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام قوينىدىن قولىنى چىقىرىۋىدى، خۇددى ئاينىڭ پارچىسىدەك ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن ئىككىنچى مۆجىزە ئىدى.

⑤ پىرئەۋن بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، ئىنكار ۋە تەرسالىق قىلىشقا يۈزلەندى، ئەتراپىدىكى ئادەملىرىگە: مۇسا سېھىر كۆرسىتىشتە ماھىر ئىكەن، دېدى.

⑥ ئاندىن پىرئەۋن قەۋمىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن مۇنداق دېدى: ئۇ سېھىر ئارقىلىق سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىپ، سىلەردىن زېمىنىڭلارنى تارتىۋالماقچى. ئەمدى سىلەر ماڭا قانداق مەسلىھەت بېرىسىلەر؟ يەنى ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

قَالُوٓاْ أَرۡجِهۡ وَأَخَاهُ وَٱبۡعَثۡ فِي ٱلۡمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ٣٦ يَأۡتُوكَ بِكُلِّ سَحَّارٍ عَلِيمٖ ٣٧ فَجُمِعَ ٱلسَّحَرَةُ لِمِيقَٰتِ يَوۡمٖ مَّعۡلُومٖ ٣٨

***ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنىڭ ۋە قېرىندىشىنىڭ (ئىشىنى ھازىرچە) قويۇپ تۇرغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتكىن [36]. ئۇلار سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئەڭ ئۇستا سېھىرگەرلەرنىڭ***

*ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسۇن»① [37]. سېھىرگەرلەر مۇئەييەن كۈندىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا توپلاندى② [38].*

① يەنى سەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، ھەممە شەھەرلەردىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدىغان سېھىرگەرلەرنى يىغقىن، ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ سېھىرگە لايىق رەددىيە بەرسۇن، شۇنداق قىلساڭ، قوللاشقا ۋە غەلىبىگە ئېرىشىسەن، دېدى. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۆجىزىلەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشى ئاللاھ تەرەپتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىلان بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان پۇرسەت ئىدى.

② ناھايىتى كۆپ سېھىرگەرلەر توپى مىسىرنىڭ ھەر قايسى شەھەر رايونلىرىدىن ئېلىپ كېلىندى. ئۇلارنىڭ سانى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ سانىنى 12مىڭ، 17 مىڭ، 19 مىڭ، 30 مىڭ ھەتتا 80 مىڭ دېگەنلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ سانىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېنىق سانى ھېچقانداق بىر ئىشەنچىلىك مەنبەدە تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى سۈرە ئەئراف ۋە سۈرە تاھادا بايان قىلىندى. پىرئەۋننىڭ قەۋمى بولغان قىبتىيلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولدى، لېكىن ئاللاھ تائالا ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماقچى ئىدى. ئەمىلىيەتتىمۇ كۇفرى بىلەن ئىماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئەزەلدىن مانا مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن. قاچانكى كۇفرى ئىمانغا قارشى مەيدانغا چۈشسە، ئاللاھ تائالا ئىمانغا ئۈستۈنلۈك ۋە غەلىبە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بەلكى بىز باتىلغا ھەق بىلەن زەربە بېرىمىز، ھەق باتىلنى ئېزىپ تاشلايدۇ، باتىل شۇ ھامان زاۋال تاپىدۇ﴾. (سۈرە ئەنبىيا 18-ئايەت)

وَقِيلَ لِلنَّاسِ هَلْ أَنتُم مُّجْتَمِعُونَ ﴿٣٩﴾ لَعَلَّنَا نَتَّبِعُ ٱلسَّحَرَةَ إِن
كَانُوا۟ هُمُ ٱلْغَٰلِبِينَ ﴿٤٠﴾ فَلَمَّا جَآءَ ٱلسَّحَرَةُ قَالُوا۟ لِفِرْعَوْنَ أَئِنَّ لَنَا
لَأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ ٱلْغَٰلِبِينَ ﴿٤١﴾ قَالَ نَعَمْ وَإِنَّكُمْ إِذًا لَّمِنَ
ٱلْمُقَرَّبِينَ ﴿٤٢﴾ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰٓ أَلْقُوا۟ مَآ أَنتُم مُّلْقُونَ ﴿٤٣﴾ فَأَلْقَوْا۟

حِبَالَهُمۡ وَعِصِيَّهُمۡ وَقَالُواْ بِعِزَّةِ فِرۡعَوۡنَ إِنَّا لَنَحۡنُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿٤٤﴾

*كىشىلەرگە: «سىلەر يىغىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟① ئەگەر سېھىرگەرلەر غالىب كەلسە، ئۇلارغا بويسۇنۇشىمىز مۇمكىن» دېيىلدى [39 ـ 40]. سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار پىرئەۋنگە: «ئەگەر غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى [41]. پىرئەۋن: «ھەئە، ئۇ چاغدا (سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدى [42]. مۇسا ئۇلارغا: «تاشلايدىغان نەرسەڭلارنى تاشلاڭلار!» دېدى② [43]. ئۇلار: «پىرئەۋننىڭ قۇدرىتى بىلەن قەسەمكى، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ، ئارغامچىلىرىنى ۋە ھاسىلىرىنى تاشلىدى③ [44].*

① يەنى ئاۋامغىمۇ بۇ بىر مەيدان كۈچ سىنىشىشىدىغان جەڭنى كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى تەكىتلىنىپ ئېلان قىلىندى.

② مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىرگەرلەرگە: ماھارىتىڭلارنى سىلەر ئاۋۋال كۆرسىتىڭلار، دېيىشىدە مۇنداق ئىككى ھېكمەت ۋە مەقسەت بارەدەك قىلىدۇ. بىرىنچىسى: ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ شۇ قەدەر كۆپ ساندىكى توپلانغان ماھىر سېھىرگەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ سېھىر ـ نەيرەڭلىرىدىنمۇ قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش. ئىككىنچىسى: ئۇلار ھاسا ـ ئارغامچىلىرىنى تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق نەرسىلىرى بىر ۋاقىتتىلا يوق قىلىۋېتىلسە، كۆرۈپ تۇرغانلارغا ئۇنۇملۇك تەسىرى بولاتتى، نەتىجىدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى، ھەتتا سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتتى.

③ سۈرە ئەئراف ۋە سۈرە تاھادا بايان قىلىنغاندەك، بۇ سېھىرگەرلەر ئۆزلىرىچە ناھايىتى چوڭ سېھىر كۆرسەتتۇق دەپ كۆرەڭلەپ كەتكەن ئىدى.]﴿ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى﴾. (سۈرە ئەئراف 116 ـ ئايەت) ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ كۆڭلىدە بىر

خىل قورقۇنچ ھېس قىلدى. ﴿(بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى﴾. (سۈرە تاھا 67-ئايەت) ئايەتتىكى سېھىرگەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا تولىمۇ ئىشىنەتتى. لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىپ دېيىلدىكى: قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ھاساڭنى يەرگە تاشلىغىن، ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرگىن. ئەمىلىيەتتە ئۇ ھاسىنى تاشلىغان ھامان قورقۇنۇچلۇق بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ بارلىق سېھىرلىرىنى بىر-بىردىن يۇتۇۋەتتى. بۇ ئەھۋال تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ.

فَأَلۡقَىٰ مُوسَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ تَلۡقَفُ مَا يَأۡفِكُونَ ﴿٤٥﴾ فَأُلۡقِيَ
ٱلسَّحَرَةُ سَٰجِدِينَ ﴿٤٦﴾ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾ رَبِّ مُوسَىٰ
وَهَٰرُونَ ﴿٤٨﴾ قَالَ ءَامَنتُمۡ لَهُۥ قَبۡلَ أَنۡ ءَاذَنَ لَكُمۡۖ إِنَّهُۥ لَكَبِيرُكُمُ
ٱلَّذِي عَلَّمَكُمُ ٱلسِّحۡرَ فَلَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَۚ لَأُقَطِّعَنَّ أَيۡدِيَكُمۡ
وَأَرۡجُلَكُم مِّنۡ خِلَٰفٖ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٤٩﴾ قَالُواْ لَا ضَيۡرَۖ
إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ ﴿٥٠﴾ إِنَّا نَطۡمَعُ أَن يَغۡفِرَ لَنَا رَبُّنَا خَطَٰيَٰنَآ
أَن كُنَّآ أَوَّلَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٥١﴾

*مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، شۇ ھامان (ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ساختا نەرسىلىرىنى يۇتۇۋەتتى [45]. سېھىرگەرلەر دەرھال سەجدىگە باردى [46]. ئۇلار: «ئالەملەرنىڭ رەببىگە — مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە — ئىمان ئېيتتۇق» دېدى [47-48]. پىرئەۋن: «مەن رۇخسەت قىلىشتىن بۇرۇن سىلەر مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار. شەكسىزكى، ئۇ سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭ-چوڭلار ئىكەن①، سىلەر (مېنىڭ قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۆزۈڭلار قالماي بىلىپ قالىسىلەر. قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئۇڭ - سول قىلىپ (يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول قولۇڭلار بىلەن ئوڭ پۇتۇڭلارنى) كېسىمەن، ھەممىڭلارنى چوقۇم (دارغا) ئاسىمەن» دېدى② [49]. سېھىرگەرلەر: «(بۇنىڭدىن بىزگە) ھېچ زىيان يوق③، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز،*

*بىز مۇساغا ئاۋۋال ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن④ ، رەببىمىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى [50 ـ 51].*

① بۇ ۋەقە پىرئەۋن ئۈچۈن ناھايىتى ھەيران قالارلىق ۋە كۈتۈلمىگەن بىر مەغلۇبىيەت بولدى. ئۇ يىغىپ ئەكەلگەن سېھىرگەرلەردىن «چوڭ غەلىبىنى» كۈتۈپ ئولتۇراتتى، ئۇلار مەغلۇپ بولۇپلا قالماستىن يەنە مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنى مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن رەببىگە ئىمان ئېيتتى. پىرئەۋن بۇ ھەقتە ئۇبدان ئويلىنىش ۋە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، تەكەببۇرلۇق ۋە تەرسالىق يولىنى تاللىدى. ئۇ سېھىرگەرلەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى ۋە مۇنداق دېدى: ئۇ سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن ئۇستازىڭلار ئىكەن، سىلەر ئۇنىڭ شاگىرتى ئىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار بۇ ئويۇن ئارقىلىق بىزنى مىسىردىن چىقارماقچى ئىكەنسىلەر. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (يەنى مىسىر)دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلار ئىكەن﴾. (سۈرە ئەئراف 123ـ ئايەت)

② پۇت ـ قولنى ئوڭ ـ سول قىلىپ كېسىش دېگەن ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنى، ئوڭ پۇت بىلەن سول قولنى كېسىشنى كۆرسىتىدۇ. پۇت ـ قوللىرىنى ئوڭ ـ سول قىلىپ كېسىش بىلەن غەزىپى بېسىقمايدىغان بولغاچقا، خورما دەرەخلىرىگە ئېسىشنىمۇ قوشۇپ ئېلان قىلدى.

③ ﴿ لَا ضَيْرَ﴾نىڭ مەنىسى بۇ بىزگە ھېچقانداق زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ. بىز بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمىز. يەنى ئەمدى قانداق جازا بەرسەڭ مەيلى، بىزنى ئىماندىن ھەرگىز ياندۇرالمايسەن.

④ مۇسۇلمان بولغان سېھىرگەرلەر ئۆزلىرىنى ﴿ئاۋۋال ئىمان ئېيتقۇچىلار﴾ دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب شۇكى، پىرئەۋننىڭ قەۋمى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى، بۇلار قىبتىي قەۋمى ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلاردىن بولدى.

۞ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنۡ أَسۡرِ بِعِبَادِيٓ إِنَّكُم مُّتَّبَعُونَ ۝٥٢ فَأَرۡسَلَ

فِرْعَوْنُ فِي ٱلْمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿٥٣﴾ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَشِرْذِمَةٌ قَلِيلُونَ ﴿٥٤﴾
وَإِنَّهُمْ لَنَا لَغَآئِظُونَ ﴿٥٥﴾ وَإِنَّا لَجَمِيعٌ حَٰذِرُونَ ﴿٥٦﴾ فَأَخْرَجْنَٰهُم مِّن
جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٥٧﴾ وَكُنُوزٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ ﴿٥٨﴾ كَذَٰلِكَ وَأَوْرَثْنَٰهَا بَنِيٓ
إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿٥٩﴾

***بىز مۇساغا: «سەن كېچىدە بەندىلىرىمنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ئېلىپ ئاتلانغىن، چۈنكى سىلەر قوغلىنىسىلەر (يەنى پىرئەۋن ئۆز قەۋمى بىلەن سىلەرنى قوغلاپ چىقىدۇ)» دەپ ۋەھيي قىلدۇق① [52]. پىرئەۋن شەھەرلەرگە (ئەسكەر) توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى [53]. (پىرئەۋن ئېيتتىكى) «بۇلار پەقەتلا بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر② [54]. ئۇلار راستتىنلا بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى③ [55]. بىز بولساق ئەلۋەتتە ھوشيار جامائەمىز»④ [56]. بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇلاردىن ئايرىۋەتتۇق⑤ [57 ـ 58]. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا مىراس قىلىپ بەردۇق⑥ [59].***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى، بۇ جەرياندا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە ھەر خىل پاكىتلارنى كۆرسەتتى. شۇنداق تۇرسىمۇ، پىرئەۋن ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمىدى. ئاخىرى ئۇنىڭغا ئازاب ئەۋەتىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشتىن باشقا يول قالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئېلىپ، كېچىدە مىسىردىن چىقىپ كېتىشكە ئەمر قىلدى ۋە پىرئەۋن كەينىڭلاردىن قوغلاپ كېلىدۇ، ئەمما ھەرگىز قورقماڭلار، دېدى.

② پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنى كەمسىتكەن تەرزدە شۇنداق دېدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ سانى ئالتە يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىدى.

③ يەنى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماستىن بۇ يەردىن قاچقانلىقى بىزنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى.

④ شۇڭا ئۇلارنىڭ قېچىش ھەرىكىتىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم

تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم.

⑤ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئىسرائىل ئەۋلادىنى قوغلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئېسىل تۇرالغۇلىرى، باغۇ - بوستانلىرىغا قايتىش نېسىپ بولمىدى. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئۇلارنى بارلىق نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلدى. ئۇ نېمەتلەرنى باشقىلارغا مىراس قىلىپ بەردى.

⑥ يەنى پىرئەۋن ئىگە بولغان پادىشاھلىق ۋە ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭدىن تارتىپ ئېلىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىغا بەردۇق. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىدەك كاتتا پادىشاھلىق، ھوقۇق-مەنسەپ، شان-شەۋكەت ئاتا قىلدۇق. چۈنكى ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردىن شۇ چىقىپ كەتكەنچە مىسىرغا قايتىپ كەلمىگەن. سۈرە دۇخان 28-ئايەتتە: ﴿كَذَٰلِكَ ۖ وَأَوْرَثْنَٰهَا قَوْمًا ءَاخَرِينَ ﴾ ﴿شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلارغا مىراس قىلىپ بەردۇق﴾ دەپ كەلدى (ئەيسەر تەپاسىر) گەرچە ﴿قَوْمًا ءَاخَرِينَ﴾ دىكى قەۋم ئومۇمىي سۆز بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە سۈرە شۇئەرا نىڭ ئايىتىدە ئىسرائىل ئەۋلادىنى ۋارىس قىلغانلىقى ئېنىق بايان قىلىندى. دېمەك بۇ يەردىكى قەۋم ئىسرائىل ئەۋلادىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما قۇرئاننىڭ ئوچۇق بايانىغا ئاساسەن ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشكە بۇيرۇلغان، ئۇلار كىرىشكە ئۇنىمىغانلىقتىن تىيە چۆلىدە قىرىق يىلغىچە قالدۇرۇلغان. قىرىق يىلدىن كېيىن ئۇلار مۇقەددەس زېمىنغا كىرگەن، شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى – ئىسرا ھەدىسىگە ئاساسەن – بەيتۇلمۇقەددەسكە يېقىن بىر جايدا ئىكەنلىكى مەلۇم. توغرا ئۇقۇم شۇكى، مىسىردا پىرئەۋنگە بېرىلگەن نېمەتلەرگە ئوخشاش نېمەتلەر ئەمدى ئىسرائىل ئەۋلادىغىمۇ بېرىلدى، لېكىن مىسىردا ئەمەس، بەلكى پەلەستىندە بېرىلدى. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

فَأَتْبَعُوهُم مُّشْرِقِينَ ﴿٦٠﴾ فَلَمَّا تَرَٰٓءَا ٱلْجَمْعَانِ قَالَ أَصْحَٰبُ مُوسَىٰٓ
إِنَّا لَمُدْرَكُونَ ﴿٦١﴾ قَالَ كَلَّآ ۖ إِنَّ مَعِىَ رَبِّى سَيَهْدِينِ ﴿٦٢﴾ فَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ
مُوسَىٰٓ أَنِ ٱضْرِب بِّعَصَاكَ ٱلْبَحْرَ ۖ فَٱنفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرْقٍ كَٱلطَّوْدِ

ٱلۡعَظِيمِ ﴿٦٣﴾

*(پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى① [60]. ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر - بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ھەمراھلىرى: «بىز چوقۇم تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇق» دېدى② [61]. مۇسا ئېيتتى: «ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ»③ [62]. بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيي قىلدۇق④، (مۇسا ئۇرۇۋىدى) دېڭىز يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى⑤ [63].*

① يەنى تاڭ ئاتقاندا پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كېچىچە مىسىردىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ كاتتا ھۆكۈمرانلىقىغا چوڭ نۇقسان يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كۈن چىققاندا پىرئەۋن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقتى.

② يەنى مۇسانىڭ ئادەملىرى پىرئەۋننىڭ قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ: ئالدىمىزدا دېڭىز، ئارقىمىزدا پىرئەۋن ئەسكەرلىرى، ئەمدى قېچىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئەمدى يەنە پىرئەۋنگە قۇل بولىدىغان بولدۇق، دېيىشتى.

③ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ، سىلەر ئەندىشە قىلغان ئىش ھەرگىز يۈز بەرمەيدۇ، ئەمدى پىرئەۋننىڭ كونتروللۇقىغا قايتا چۈشمەيسىلەر. شەكسىزكى، رەببىم ماڭا نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېدى.

④ راستىنلا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يول كۆرسەتتى ۋە ئۇنى ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇرغان يەردىن يول ھاسىل بولدى، ئوڭ تەرەپتىكى سۇ ئوڭ تەرەپتە، سول تەرەپتىكى سۇ سول تەرەپتە توختاپلا قالدى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يول پەيدا بولدى. رىۋايەتكە ئاساسەن، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىدىن ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن جەمئىي ئون ئىككى يول ھاسىل بولدى. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

⑤ ﴿فِرْقٍ﴾ چوڭ دېڭىزنىڭ بىر بۆلۈكى ﴿طَوْدِ﴾ تاغ دېمەكتۇر. يەنى، ھەربىر يېرىلغان سۇ چوڭ تاغدەكلا تىكلىنىپ تۇردى. مانا بۇ ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنى پىرئەۋندىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتا قىلغان مۆجىزە ئىدى. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولماستىن پىرئەۋندىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

وَأَزْلَفْنَا ثَمَّ ٱلْأَخَرِينَ ﴿٦٤﴾ وَأَنجَيْنَا مُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓ أَجْمَعِينَ ﴿٦٥﴾
ثُمَّ أَغْرَقْنَا ٱلْأَخَرِينَ ﴿٦٦﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم
مُّؤْمِنِينَ ﴿٦٧﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٦٨﴾ وَٱتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ
إِبْرَٰهِيمَ ﴿٦٩﴾ إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦ مَا تَعْبُدُونَ ﴿٧٠﴾ قَالُوا۟ نَعْبُدُ
أَصْنَامًا فَنَظَلُّ لَهَا عَٰكِفِينَ ﴿٧١﴾ قَالَ هَلْ يَسْمَعُونَكُمْ إِذْ
تَدْعُونَ ﴿٧٢﴾ أَوْ يَنفَعُونَكُمْ أَوْ يَضُرُّونَ ﴿٧٣﴾ قَالُوا۟ بَلْ وَجَدْنَآ ءَابَآءَنَا
كَذَٰلِكَ يَفْعَلُونَ ﴿٧٤﴾

*ئىككىنچى توپ (پىرئەۋن قوشۇنى) نى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق① [64]. مۇسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق [65]. ئاندىن ئىككىنچى توپنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى سۇغا) غەرق قىلدۇق② [66]. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ غەرق بولۇشىدا) ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان چوڭ) ئىبرەت بار. (شۇنداق تۇرسىمۇ، پىرئەۋن قەۋمىنىڭ) كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمىدى③ [67]. ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ (كاپىرلارنى جازالاشتا) غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇشتا) ناھايىتى مېھرىباندۇر [68]. ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن [69]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟» دېدى(70]. ئۇلار: «بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىمىز، ئۇلارغا چوقۇنۇشنى داۋالاشتۇرىمىز» دېيىشتى④ [71]. ئىبراھىم ئېيتتى: «دۇئا قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلار (دۇئايىڭلارنى) ئاڭلامدۇ؟ [72]. يا سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟*

***ياكى زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟»⑤ [73]. ئۇلار ئېيتتى: «ياق (ئۇنداق قىلالمايدۇ)، لېكىن بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق»⑥ [74].***

① يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى دېڭىزغا غەرق قىلغان ۋە غەرق بولغان ئەكەلدۇق يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئارقىسىدىن دېڭىزغا كىرگۈزدۇق.

② بىز مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەردىن بىرىنىمۇ قالدۇرماي قۇتقۇزدۇق. ئەمما پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇلار ماڭغان يولغا كىرگەندە، سۇنى ئىلگىرىكىدەك ئېقىشقا ئەمر قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي سۇغا غەرق قىلدۇق.

③ گەرچە بۇ ۋەقەدە ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ۋە ياردىمىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان شۇنداق ئېنىق ۋە بۈيۈك مۆجىزە تۇرسىمۇ، كۆپىنچە كىشىلەر ئىمان ئېيتمىدى.

④ يەنى كېچە ـ كۈندۈز ئۇلارغا چوقۇنىمىز.

⑤ ئەگەر سىلەر ئۇلارغا چوقۇنۇشنى تەرك ئەتسەڭلار، ئۇلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزەمدۇ؟

⑥ ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلمىگەنلىكتىن، مۇشۇ گەپلەرنى باھانە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئۇسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى. بۇگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەرگە قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ يوليورۇقلىرى يەتكۈزۈلسە، «بىزنىڭ جەمەتىمىزدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ مۇشۇنداق ئىش قىلىپ كەلگەن، بۇنى تاشلىيالمايمىز» دەپ يۇقىرىقىدەك باھانە كۆرسىتىدۇ.

قَالَ أَفَرَءَيْتُم مَّا كُنتُمْ تَعْبُدُونَ ﴿٧٥﴾ أَنتُمْ وَءَابَآؤُكُمُ ٱلْأَقْدَمُونَ ﴿٧٦﴾
فَإِنَّهُمْ عَدُوٌّ لِّىٓ إِلَّا رَبَّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٧٧﴾ ٱلَّذِى خَلَقَنِى فَهُوَ يَهْدِينِ ﴿٧٨﴾
وَٱلَّذِى هُوَ يُطْعِمُنِى وَيَسْقِينِ ﴿٧٩﴾ وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ ﴿٨٠﴾

وَٱلَّذِي يُمِيتُنِي ثُمَّ يُحۡيِينِ ﴿٨١﴾ وَٱلَّذِيٓ أَطۡمَعُ أَن يَغۡفِرَ لِي خَطِيٓـَٔتِي يَوۡمَ
ٱلدِّينِ ﴿٨٢﴾

***ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەرنىڭ ۋە قەدىمقى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ نېمىگە چوقۇنغانلىقىڭلارنى ئويلاپ كۆردۇڭلارمۇ؟① [75 ـ 76] شەكسىزكى، ئۇلار (يەنى بۇتلار) مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر②، پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىلا (مەن ئىبادەت قىلىدىغان يېگانە زاتتۇر)③ [77]. ئۇ مېنى ياراتقان، ماڭ توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان زاتتۇر④ [78]. ماڭا تائام ۋە ئۇسسۇلۇق بېرىدىغان زاتمۇ شۇدۇر⑤ [79]. ئاغرىپ قالسام مېنى ساقايتىدىغان زاتمۇ شۇدۇر⑥ [80]. مېنى ۋاپات قىلدۇرىدىغان، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدىغان زاتمۇ شۇدۇر⑦ [81]. قىيامەت كۈنى خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان زاتمۇ شۇدۇر⑧ [82].***

① ﴿أَفَرَءَيۡتُم﴾نىڭ مەنىسى «فَهَلْ أَبْصَرْتُمْ وَتَفَكَّرْتُمْ» يەنى سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟

② چۈنكى سىلەر ئاللاھنى قويۇپ، باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنىسىلەر. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇنداق بايان قىلدى: سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلار چوقۇنۇپ كەلگەن مەبۇدلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، يەنى مەن ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدامەن.

③ ئاللاھ مېنىڭ دۈشمىنىم ئەمەس، بەلكى ئۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەم ۋە دوستۇمدۇر.

④ يەنى ئۇ مېنى دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىمدا پايدىلىق بولغان يولغا باشلايدىغان زاتتۇر.

⑤ ھەر خىل تۈردىكى رىزىقلارنى ياراتقۇچى ۋە بىز ئىچىدىغان سۇنى پەيدا قىلغۇچىمۇ دەل شۇ ئاللاھ تائالادۇر.

⑥ كېسەللىكلەردىن شىپالىق ئاتا قىلغۇچىمۇ شۇ ئاللاھتۇر، يەنى دورىلارغا شىپا قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ. ئاللاھ شىپالىق

بەرمىسە، دورىنىڭ ساقايتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. كىسەللىك گەرچە ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدىغان بولسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەزكۇر سۆزلىرىدە ئۇنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلمىدى بەلكى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلدى، ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا ئەدەب ۋە ئېھتىرامغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

⑦ قىيامەت كۈنى بارلىق ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندە، مېنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان زاتمۇ شۇدۇر.

⑧ بۇ يەردىكى ئۈمىد قىلىش جەزمەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى قانداق بىر چوڭ شەخستىن بىر نەرسىنى ئۈمىد قىلىش ئۇنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىشنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەڭ بۈيۈك كاتتا زاتتۇر، ئۇنىڭدىن ئۈمىد قىلىنغان نەرسە ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. شۇڭا مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىمدە قەيەردە ئاللاھ تائالا ئۈچۈن «عَسى» ئۈمىد سۆزى ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ جەزمەنلىكنى، چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿خَطِيٓـَٔتِي﴾ سۆزىنىڭ بىرلىك شەكلى بولۇپ، بىر خاتالىق دېگەننى بىلدۈرىدۇ، كۆپلۈكى «خَطَايَا» دەپ كېلىدۇ. پەيغەمبەرلەر مەسۇمدۇر، ئۇلاردىن بىرەر چوڭ گۇناھنىڭ سادىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەزى ئەمەللىرىنى كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس دەپ قاراپ، ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ.

رَبِّ هَبۡ لِي حُكۡمٗا وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٣﴾ وَٱجۡعَل لِّي لِسَانَ
صِدۡقٖ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿٨٤﴾ وَٱجۡعَلۡنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٨٥﴾ وَٱغۡفِرۡ
لِأَبِيٓ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٨٦﴾ وَلَا تُخۡزِنِي يَوۡمَ يُبۡعَثُونَ ﴿٨٧﴾ يَوۡمَ لَا
يَنفَعُ مَالٞ وَلَا بَنُونَ ﴿٨٨﴾ إِلَّا مَنۡ أَتَى ٱللَّهَ بِقَلۡبٖ سَلِيمٖ ﴿٨٩﴾

***ئى رەببىم! ماڭا ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلغىن①، مېنى ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قوشقىن [83]. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن② [84]. مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن [85]. ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن***

*ئازغۇنلاردىن بولدى③ [86]. ئۇلار (يەنى خالايىقلار ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن④ [87]. ئۇ كۈندە (ھېچ كىشىگە) مال ـ دۇنيا ۋە بالىچاقىلار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ [88]. پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ئادەملا (ئۇلار بىلەن مەنپەئەتلىنىدۇ»⑤ [89].*

① ﴿حُكْمًا﴾ دېگەندىن ھېكمەت، ئىلىم، پاراسەت، ئەقىل-ئىدراك، قارار چىقىرىش ئىقتىدارى، ياكى پەيغەمبەرلىك ياكى ئاللاھ تائالانىڭ جازا قانۇنىغا ئائىت ئەھكاملىرىنى بىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

② يەنى مەندىن كېيىن قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان كىشىلەر مېنىڭ ياخشى نامىمنى تىلغا ئېلىپ تۇرسۇن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا مۇشۇ دۇنيادا ياخشى نام ۋە مەدھىيەلەر شەكلىدىمۇ ئاتا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى نامىنى ھەر دىندىكى كىشىلەر ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئالىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە پەزىلىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

③ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى قىلغاندا مۇشرىك (ئاللاھنىڭ دۈشمىنى) ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشنىڭ جايىز ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىدىن ئادا-جۇدا بولغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. بۇ نۇقتا سۈرە تەۋبە 114-ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنىدى.

④ يەنى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئالدىدا مېنى جازالاش ياكى ئازابلاش بىلەن رەسۋا قىلمىغىن. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنى چاڭ-توزاڭ باسقان ۋە قارىداپ كەتكەن ھالەتتە كۆرۈپ، يەنە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ: ئى رەببىم! بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق رەسۋالىق بولامدۇ؟ ئاللاھ تائالا: مەن جەننەتنى كاپىرلارغا ھارام قىلىۋەتكەن، دەيدۇ، ئاندىن ئاتىسى نىجاسەتكە مىلەنگەن بىر قاپلان شەكلىدە پۇتىدىن سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3350-ھەدىس)

⑤ «ساغلام قەلب» ياكى ئەيىبسىز قەلب دېگەندە شېرىكتىن پاك

قەلبىنى يەنى مۇئمىننىڭ قەلبىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كاپىرنىڭ ۋە مۇناپىقنىڭ قەلبى كېسەل بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ساغلام قەلب بولسا، بىدئەتتىن خالىي ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان قەلب، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: دۇنيانىڭ مال-مۈلكى ۋە ھەشەمەتلىرىگە مۇھەببەت باغلىمايدىغان قەلب، دېسە، بەزىلەر: جاھالەت قاراڭغۇلۇقى ۋە ناچار ئىللەتلەردىن پاك قەلبدۇر، دەيدۇ. بۇ ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسىنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مۇئمىننىڭ قەلبى مەزكۇر ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ساغلام ۋە پاك بولىدۇ.

وَأُزْلِفَتِ ٱلْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ ﴿٩٠﴾ وَبُرِّزَتِ ٱلْجَحِيمُ لِلْغَاوِينَ ﴿٩١﴾ وَقِيلَ
لَهُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تَعْبُدُونَ ﴿٩٢﴾ مِن دُونِ ٱللَّهِ هَلْ يَنصُرُونَكُمْ أَوْ
يَنتَصِرُونَ ﴿٩٣﴾ فَكُبْكِبُواْ فِيهَا هُمْ وَٱلْغَاوُۥنَ ﴿٩٤﴾ وَجُنُودُ إِبْلِيسَ
أَجْمَعُونَ ﴿٩٥﴾ قَالُواْ وَهُمْ فِيهَا يَخْتَصِمُونَ ﴿٩٦﴾ تَٱللَّهِ إِن كُنَّا لَفِى
ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٩٧﴾ إِذْ نُسَوِّيكُم بِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٩٨﴾ وَمَآ أَضَلَّنَآ إِلَّا
ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٩٩﴾ فَمَا لَنَا مِن شَٰفِعِينَ ﴿١٠٠﴾

*جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ [90]. دوزاخ گۇمراھلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ① [91]. ئۇلارغا: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قېنى؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرى ياردەمگە ئېرىشەلەمدۇ؟» دېيىلىدۇ② [92 ـ 93]. ئۇلار (يەنى ساختا مەبۇدلار)، گۇمراھلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى④ دوزاختا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ [94 ـ 95]. ئۇلار دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئۆتكەن ئىكەنمىز [96 ـ 97]. (ئى ساختا ئىلاھلار!) ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ رەببى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويغان ئىكەنمىز⑤ [98]. بىزنى پەقەت ئاشۇ گۇناھكارلارلا ئازدۇرغان ئىكەن⑥ [99]. شۇڭا ئەمدى بىزگە ھېچقانداق شاپائەت قىلغۇچى يوق [100].*

① دېمەك كىرىشتىن ئىلگىرى جەننەت ۋە دوزاخ كىشىلەرگە كۆرسىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن كاپىرلار تېخىمۇ غەمگە پاتىدۇ، مۆئمىنلەر تېخىمۇ خۇرسەنلىككە چۆمىدۇ.

② يەنى ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسىلىرىڭلار، بۈگۈن سىلەرنى ئازابتىن يىراقلاشتۇرالمايدۇ ۋە ئۆزلىرىدىنمۇ قوغداپ قالالمايدۇ.

③ يەنى چوقۇنۇلغان مەبۇدلار ۋە ئۇلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ھايۋانلاردەك ئۈستى-ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ.

④ بۇنىڭدىن كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان قوشۇنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ دۇنيادا ھەربىر نەقىش ئويۇلغان ھەيكەل، قەبرە ئۈستىگە ياساپ قويۇلغان چىرايلىق گۈمبەز مۇشرىكلارغا ئىلاھىي كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىدەك كۆرۈنۈپ، ئۇلارنى ئاللاھ بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويىدۇ. لېكىن قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

⑥ يەنى قىيامەت مەيدانىغا بارغاندا، ئۇلار بىزنى گۇناھكارلار ئازدۇرۇپتۇ، دەيدۇ. دۇنيادا ئۇلارغا بۇ ئىشنى قىلساڭ، گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدۇ، بۇ ئىش بىدئەت، ماۋۇ ئىش شېرىككە ياتىدۇ، دېيىلسە، قوبۇل قىلمايتتى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىش ئۈچۈن تەپەككۇرمۇ قىلمايتتى.

وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٖ ﴿١٠١﴾ فَلَوۡ أَنَّ لَنَا كَرَّةٗ فَنَكُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٠٢﴾
إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٠٣﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ
ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٤﴾ كَذَّبَتۡ قَوۡمُ نُوحٍ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٠٥﴾ إِذۡ قَالَ لَهُمۡ
أَخُوهُمۡ نُوحٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٠٦﴾ إِنِّي لَكُمۡ رَسُولٌ أَمِينٞ ﴿١٠٧﴾

***يېقىن دوستىمۇ يوق① [101]. كاشكى، بىزگە (دۇنياغا) قايتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مۆئمىنلەردىن بولاتتۇق»② [102]. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (يەنى ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىدە، كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار③، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى④ [103]. ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ مۇتلەق غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [104]. نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار***

***قىلدى⑤ [105]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى⑥ نۇھ: «سىلەر (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) قورقماسىلەر؟ [106]. مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن⑦ [107].***

① گۇناھكار مۇئمىنلەر ھەققىدە ئاللاھ تائالا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلار خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شاپائەت قىلىدۇ. ئەمما كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنى شاپائەت قىلىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ، ھېچكىمگە ئۇلارنى شاپائەت قىلىشقا رۇخسەتمۇ بېرىلمەيدۇ، ھەم جۇرئەتمۇ قىلالمايدۇ، ئۇ كۈندە دوستلۇقمۇ ئەسقاتمايدۇ.

② كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار قىيامەت كۈنى دۇنياغا قايتىپ بېرىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنى رازى قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى﴾. (سۈرە ئەنئام 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

③ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلار ھەققىدە قەۋمى بىلەن قىلغان مۇنازىرىسىدە، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر مەۋجۇت، ئەلۋەتتە ئۇ دەلىل-پاكىتلار ئاللاھ تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

④ بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتتىكى ئىمان ئېيتمىغانلار مەككە مۇشرىكلىرى يەنى قۇرەيشلەرنى كۆرسىتىدۇ، دېدى.

⑤ گەرچە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى پەقەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىلا ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، بىر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىق بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بىلەن باراۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئايەتتە ﴿نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴾ دەپ كەلدى.

⑥ «قېرىندىشى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز قەۋمىنىڭ بىر ئادىمى ئىدى.

⑦ يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەمرىنى سىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى، مەن ئۇنى سىلەرگە كەم-زىيادە قىلماستىن يەتكۈزگۈچى پەيغەمبەرمەن.

فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٠٨﴾ وَمَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍۖ إِنۡ أَجۡرِيَ
إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠٩﴾ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١١٠﴾ ۞ قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ
لَكَ وَٱتَّبَعَكَ ٱلۡأَرۡذَلُونَ ﴿١١١﴾ قَالَ وَمَا عِلۡمِي بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١١٢﴾
إِنۡ حِسَابُهُمۡ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّيۖ لَوۡ تَشۡعُرُونَ ﴿١١٣﴾ وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١١٤﴾
إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ مُّبِينٞ ﴿١١٥﴾

***سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار① [108]. مەن بۇنىڭغا (يەنى دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر② [109]. شۇڭا سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار»③ دېگەن ئىدى [110]. ئۇلار: «(ئى نۇھ!) ساڭا ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، بىز ساڭا ئىمان ئېيتامدۇق؟» دېدى④ [111]. نۇھ ئېيتتى: «مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايمەن⑤ [112]. ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى پەقەت رەببىم ئۈستىگە ئالغان⑥ [113]. مەن مۆئمىنلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن⑦ [114]. مەن پەقەت ئوچۇق - ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»⑧ [115].***

① يەنى مەن سىلەرنى بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماسلىققا دەۋەت قىلىۋاتىمەن، بۇ ئىشتا ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

② مەن سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن. بۇنىڭ ساۋابى ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساقلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى مۇكاپاتىنى بېرىدۇ.

③ بۇ ئىبارە ھەم تەكىتلەش ھەم سەۋەبنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن تەكرار كەلدى. يەنى باشتا، مەن راستچىل، ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن، شۇڭا ﴿ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴾ دېگەن بولسا،

ئەمدى، مەن تەمەسسىز، ھەق تەلەپ قىلمايدىغان دەۋەتچىمەن، شۇڭا ﴿ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴾ دېدى.

④ ﴿الْأَرْذَلُونَ﴾ «أَرْذَلُ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، پۇل-مېلى ۋە ھوقۇق-مەنسىپى بولمىغانلىقتىن جەمئىيەتتە تۆۋەن سانىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇششاق ھۈنەرۋەنلەرمۇ مۇشۇ تۆۋەن سانىلىدىغان كىشىلەر قاتارىغا كىرەتتى.

⑤ يەنى مەن كىشىلەرنىڭ نەسەبى، ئىقتىسادىي ئورنى، مەنسىپى، ھۈنەر-كەسىپلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بۇيرۇلمىغان، مېنىڭ ۋەزىپەم شۇكى، مەن پەقەت ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىمەن، كىمكى دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ جامائىتىگە قوشىمەن.

⑥ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى ۋە ئەمەللىرىنى تەكشۈرۈش ئاللاھقا ئائىتتۇر.

⑦ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن: يېنىڭدا تۇرغان تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنى قوغلىۋەتسەڭ، بىز سېنىڭ جامائىتىڭگە قوشۇلىمىز، دېگەن تەلەپنى قويغاندا ئاساسەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى قىلدى.

⑧ كىمكى ئاللاھتىن قورقۇپ، ماڭا بويسۇنىدىكەن، مەيلى ئۇ دۇنيا ئەھلىنىڭ نەزىرىدە يۈز ئابرۇيلۇق كىشى بولسۇن ياكى ئادەتتىكى كىشى بولسۇن ياكى مەرتىۋىلىك كىشى بولسۇن ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشى بولسۇن، ئۇ ماڭا تەۋە، مەن ئۇنىڭغا تەۋە.

قَالُوا۟ لَئِن لَّمْ تَنتَهِ يَٰنُوحُ لَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمَرْجُومِينَ ﴿١١٦﴾ قَالَ رَبِّ
إِنَّ قَوْمِى كَذَّبُونِ ﴿١١٧﴾ فَٱفْتَحْ بَيْنِى وَبَيْنَهُمْ فَتْحًا وَنَجِّنِى وَمَن مَّعِىَ
مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١١٨﴾ فَأَنجَيْنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ فِى ٱلْفُلْكِ ٱلْمَشْحُونِ ﴿١١٩﴾
ثُمَّ أَغْرَقْنَا بَعْدُ ٱلْبَاقِينَ ﴿١٢٠﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم
مُّؤْمِنِينَ ﴿١٢١﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٢﴾ كَذَّبَتْ عَادٌ

ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٢٣﴾ إِذۡ قَالَ لَهُمۡ أَخُوهُمۡ هُودٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٢٤﴾

*ئۇلار ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئەگەر سەن (بۇ دەۋەتىڭدىن) ۋاز كەچمىسەڭ، سەن چوقۇم چالما - كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن» [116]. نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! قەۋمىم مېنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلدى [117]. سەن ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئارامدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزغىن» [118]. بىز (ئادەملەر، ھايۋانلار بىلەن) لىق تولغان كېمىدە ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق [119]. (ئۇلارنى قۇتقۇزغاندىن) كېيىن، ئاندىن قالغانلارنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق① [120]. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، (ئەمما) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى [121]. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [122]. ئاد قەۋمىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى② [123]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى③ ھۇد مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) قورقمامسىلەر؟ [124].*

① بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى بىر ئاز بايان قىلىنغان، داۋامى كېيىنرەك كېلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى 950 يىل دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەۋمى ئەخلاقسىزلىق ۋە ھەقنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئاخىرى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەددۇئا قىلدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى كېمە ياساشقا ۋە ئۇنىڭغا مۆئمىنلەرنى، ھايۋانلاردىن بىر جۈپتىن سېلىشقا ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشقا بۇيرىدى. شۇ كېمىگە چىققان مۆئمىنلەر ئامان قالدى، ئۇلاردىن باشقا بارلىق ئىنسانلار ھەتتا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلى ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، سۇغا غەرق قىلىندى.

② ئاد ئەسلىدە ئۇلارنىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ نامى ئىدى، بۇ نام كېيىن مۇشۇ قەۋمنىڭ نامى بولۇپ قالدى. بۇ يەردە ئاد بىر قەبىلە دەپ قارالغانلىقتىن «كَذَّبَتْ» دېگەن پېئىلنىڭ چىشى جىنس شەكلى ئىشلىتىلدى.

③ ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئاد قەۋمىنىڭ قېرىندىشى ئاتالدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنىڭ بىر ئادىمى، ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتىلىدۇ، شۇڭا ھۇد ئەلەيھىسسالام بۇ قەۋمىنىڭ قېرىندىشى دەپ ئاتالدى. تۆۋەندىكى مۇشۇ تەرىقىدە كېلىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ «ئىنساندىن» بولغانلىقىنى قەۋملەرنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا باھانە بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە پەيغەمبەر ئىنساندىن بولماي، ئىنساندىن يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدىغان بىر جىنىستىن بولىشى لازىم ئىدى. بۇگۈنكى كۈندىمۇ مانا بۇ ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتتىن خەۋەرسىز كىشىلەر ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنساندىن يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرىدۇ، ۋەھالەنكى ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بىر ئادىمى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ پەيغەمبەر قىلغان ئىدى.

إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٢٥﴾ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٢٦﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ
عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍۖ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢٧﴾ أَتَبْنُونَ بِكُلِّ
رِيعٍ ءَايَةً تَعْبَثُونَ ﴿١٢٨﴾ وَتَتَّخِذُونَ مَصَانِعَ لَعَلَّكُمْ تَخْلُدُونَ ﴿١٢٩﴾
وَإِذَا بَطَشْتُم بَطَشْتُمْ جَبَّارِينَ ﴿١٣٠﴾ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٣١﴾ وَٱتَّقُواْ
ٱلَّذِيٓ أَمَدَّكُم بِمَا تَعْلَمُونَ ﴿١٣٢﴾ أَمَدَّكُم بِأَنْعَٰمٍ وَبَنِينَ ﴿١٣٣﴾ وَجَنَّٰتٍ
وَعُيُونٍ ﴿١٣٤﴾

*مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئىشەنچىلىك پەيغەمبەرمەن [125]. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [126]. مەن بۇنىڭغا (يەنى دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر [127]. سىلەر بىھۇدە ئىش قىلىپ، ھەربىر ئېگىز جايغا بىر قەسىر سالامسىلەر① [128]. (گويا سىلەر ئۆلمەيدىغاندەك، دۇنيادا) مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر② [129]. بىراۋنى جازالىساڭلار، زالىملارچە جازالايسىلەر③ [130]. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت*

***قىلىۋالار④ [131]. سىلەرگە سىلەر بىلىدىغان (تۈرلۈك) نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار [132]. ئاللاھ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى ۋە بۇلاقلارنى ئاتا قىلدى [133 ـ 134].***

① ﴿رِيۡعٍ﴾ «رِيْعَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئېگىز جاي دېگەن مەنىدە. ئاد قەۋمى تاغ، دەريا بويى، دۆڭ، يول بويى دېگەندەك كىشىلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئېگىز جايلارغا خاتىرە بولغۇدەك ناھايىتى ئېگىز بىنالارنى سالاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇ بىنالاردا تۇرۇش مەقسىتى يوق ئىدى، پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ئۈچۈنلا سالاتتى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇ ئارتۇقچە ئىشتىن چەكلىدى، ئۇلارنىڭ ئىسراپچىلىقىنى ئەيىبلەپ دېدىكى، بۇ ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلىك، قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى زايا قىلغانلىق بولىدۇ، بۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ھېچقانداق پايدىسى يوق. شەكسىزكى، بۇ بىھۇدە ئىشتۇر.

② خۇددى ئۇلار مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ناھايىتى پۇختا ھەم ئېگىز بىنالارنى ياسايتتى.

③ بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ زالىم، قاتتىق قول، رەھىمسىز ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

④ ئۇلارنىڭ دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ۋە زۇلۇم قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ناچار ئىللەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەنە ئاللاھتىن قورقۇشقا ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا چاقىردى.

إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ١٣٥ قَالُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡنَآ
أَوَعَظۡتَ أَمۡ لَمۡ تَكُن مِّنَ ٱلۡوَٰعِظِينَ ١٣٦ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا خُلُقُ
ٱلۡأَوَّلِينَ ١٣٧ وَمَا نَحۡنُ بِمُعَذَّبِينَ ١٣٨ فَكَذَّبُوهُ فَأَهۡلَكۡنَٰهُمۡۚ إِنَّ فِي
ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ١٣٩ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ
ٱلرَّحِيمُ ١٤٠

***مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن»① [135]. ئۇلار ئېيتتى: «سەن نەسىھەت قىلامسەن ياكى قىلمامسەن، بىزگە بەربىر ئوخشاش [136]. بۇ (يەنى بۇتلارغا چوقۇنۇش) پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئادەت② [137]. بىز ھەرگىز جازالانمايمىز»③ [138]. ئۇلار ئۇنى (يەنى ھۇدنى) ئىنكار قىلىۋىدى، بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتۇق④. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنىلا) ئىمان ئېيتمىدى [139]. ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ (كاپىرلارنى جازالاشتا) غالىبتۇر، (مۆئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [140].***

① يەنى ئەگەر سىلەر يەنىلا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئادا قىلمىساڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولۇپ قالىسىلەر. بۇ ئازاب دۇنيادا كېلىشىمۇ مۇمكىن، ئاخىرەت بولسا ئازاب ياكى ساۋاب بېرىلىدىغان جايدۇر. ئۇ يەردىكى ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس.

② بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى: سەن بىزگە دەۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئىلگىرىكىلەرمۇ دەپ كەلگەن. يەنە بىر مەنىسى: بىز ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ دىن ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى ۋە ئادەتلىرىدۇر. ھەر قانداق ئەھۋالدا بىز ئۇلارنىڭ دىنىنى تاشلىيالمايمىز.

③ ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى تاشلىيالمايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغانلىقى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغانلىق بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ئاخىرەتتىكى جازانىمۇ ئىنكار قىلدى. چۈنكى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ۋە ئاخىرەتتىكى جازانى ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەملا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدۇ.

④ ئاد قەۋمى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە قاۋۇل ئادەملەر ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى﴾. (سۈرە فەجر 8-ئايەت) يەنى كۈچلۈكلۈكتە، رەھىمسىزلىكتە ۋە قوپاللىقتا بۇلاردەك ئادەملەر يارىتىلمىغان. شۇڭا ئۇلار: ﴿«كۈچ-قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟ » دەيتتى﴾. (سۈرە سەجدە 15-ئايەت) ئەمما بۇلارمۇ كۇفرىدىن قول ئۈزمىدى. ئىمان ۋە تەقۋادارلىق يولىنى تاللىمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ

تائالا ئۇلارغا قاتتىق بوران شەكلىدە ئازاب ئەۋەتتى. بوران يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى. سوغوق بوران ئۇلارنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈپ ئاندىن بېشىچىلاپ يەرگە ئۇراتتى. نەتىجىدە مېڭىسى چۇۋۇلۇپ، كاللىسىدىن ئاجرايتتى. باشسىز جەسەتلەر خۇددى قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك يېتىپ قالاتتى. ئۇلار تاغلارنىڭ ئارىسىغا، ئۆڭكۈرلەرگە، تاغنىڭ كاۋاكلىرىغا ناھايىتى پۇختا ئىمارەتلەرنى سالغان. چوڭقۇر قۇدۇقلارنى كولاپ، سۇلارنى ئاقتۇرغان، نۇرغۇن باغلارنى ياسىغان ئىدى. لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى كەلگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەسقاتمىدى. بوران ئۇلارنى يەر يۈزىدىن ئۇچۇرۇپ تاشلىدى.

كَذَّبَتۡ ثَمُودُ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٤١﴾ إِذۡ قَالَ لَهُمۡ أَخُوهُمۡ صَٰلِحٌ أَلَا
تَتَّقُونَ ﴿١٤٢﴾ إِنِّي لَكُمۡ رَسُولٌ أَمِينٞ ﴿١٤٣﴾ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٤٤﴾ وَمَآ
أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٤٥﴾
أَتُتۡرَكُونَ فِي مَا هَٰهُنَآ ءَامِنِينَ ﴿١٤٦﴾ فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٖ ﴿١٤٧﴾ وَزُرُوعٖ
وَنَخۡلٖ طَلۡعُهَا هَضِيمٞ ﴿١٤٨﴾ وَتَنۡحِتُونَ مِنَ ٱلۡجِبَالِ بُيُوتٗا فَٰرِهِينَ ﴿١٤٩﴾

*سەمۇد قەۋمىمۇ① پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى [141]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى سالىھ مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟ [142]. مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئىشەنچىلىك پەيغەمبەرمەن [143]. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [144]. مەن بۇنىڭغا (يەنى دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر [145]. سىلەر بۇ يەرلەردە، باغچىلاردىن، بۇلاقلاردىن، زىرائەتلەردىن ۋە يۇمشاق پىشقان خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ② ، خاتىرجەم ھالدا داۋاملىق قالدۇرۇلىمىز (دەپ ئويلامسىلەر؟)③ [146 - 148]. ئۇستىلىق بىلەن (كۆز - كۆز قىلىش يۈزىسىدىن) تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسامسىلەر④ [149].*

① سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتى «ھىجر» دېگەن جاي بولۇپ، ھىجازنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ جاي «مەدائىن سالىھ» دەپ ئاتىلىدۇ (ئەيسەر تەپاسىر) سەمۇد قەۋمى ئەرەبلەردىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى ئەتراپىدىن ئۆتكەن ئىدى. بۇ نۇقتا ئىلگىرى بايان قىلىندى.

② بۇ ئۇلار بەھرىمەن بولغان نېمەتلەرنىڭ تەپسىلاتىدۇر. ﴿طَلۡعُ﴾ خورمىنىڭ يېڭىدىن ئۈنۈپ چىققان چېچەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن «بَلۡحٌ» غورا ھالەتكە ئۆتىدۇ، ئاندىن «بُسۡرٌ» ئالا بولىدۇ، ئاندىن «تَمۡرٌ» خورما بولىدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر) باغلاردىكى ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ ئىچىگە خورمىمۇ كىرەتتى. ئەرەبلەر خورمىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئايرىم تىلغا ئېلىندى. ﴿هَضِيمٌ﴾نىڭ بىر قانچە مەنىسى بار. مەسىلەن: يۇمشاق، سىلىق، نازۇك، يۇمران قاتارلىقلار.

③ يەنى بۇ نېمەتلەر سىلەردە داۋاملىق تۇرامدۇ؟ سىلەرگە ئۆلۈم ياكى ئازاب كەلمەمدۇ؟ بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار ۋە كايىش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى ئۇنداق بولمايدۇ، ئاللاھ خالىسا، ئازاب ياكى ئۆلۈم بىلەن سىلەرنى بۇ نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ ئايەت تەرغىب قىلغان نەرسە شۇكى، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. بۇ ئايەت ئاگاھلاندۇرغان نەرسە شۇكى، ئەگەر ئىمان ۋە شۈكۈر ئېيتىش يولىنى تاللىمساڭلار، ئاقىۋىتىڭلار ھالاكەت بولىدۇ.

④ ﴿فَٰرِهِينَ﴾ مەغرۇرلىنىش ۋە پەخىرلىنىش يۈزىسىدىن ياكى ھۈنەر-ماھارىتىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن، زۆرۈرىيەتتىن ئارتۇق ئۆي سالماق، بېزىمەك ۋە زىننەتلىمەكنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى كىشىلەرمۇ ئۆي سېلىش، ئېگىز بىنالارنى ياساپ ھەر خىل شەكىلدە بېزەش، نەقىش ئويىدۇرۇش ئارقىلىق ئۆز سەنئەت ۋە ماھارەتلىرىنى ھەمدە بايلىقلىرىنى تازا كۆز-كۆز قىلىۋاتىدۇ، پەخىرلىنىۋاتىدۇ، شۇ نەرسىلەر بىلەن بىر-بىرىگە چوڭچىلىق قىلىپ، مەغرۇرلىنىۋاتىدۇ.

فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٥٠﴾ وَلَا تُطِيعُوٓاْ أَمۡرَ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ﴿١٥١﴾ ٱلَّذِينَ
يُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا يُصۡلِحُونَ ﴿١٥٢﴾ قَالُوٓاْ إِنَّمَآ أَنتَ مِنَ

ٱلْمُسَحَّرِينَ ﴿١٥٣﴾ مَآ أَنتَ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا فَأْتِ بِـَٔايَةٍ إِن كُنتَ مِنَ
ٱلصَّـٰدِقِينَ ﴿١٥٤﴾ قَالَ هَـٰذِهِۦ نَاقَةٌ لَّهَا شِرْبٌ وَلَكُمْ شِرْبُ يَوْمٍ
مَّعْلُومٍ ﴿١٥٥﴾ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابُ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿١٥٦﴾
فَعَقَرُوهَا

*سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [150]. زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ① ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار» [151 ـ 152]. ئۇلار ئېيتتى: «سەن راستتىنلا سېھىرلىنىپ قالغانلاردىن ئىكەنسەن [153]. سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسانسەن، ئەگەر راستچىللاردىن بولساڭ، بىرەر مۆجىزە كەلتۈرۈپ باققىنە!» [154]. سالىھ ئېيتتى: «بۇ چىشى تۆگە (قۇدۇق سۈيىدىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر② [155]. ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماڭلار، بولمىسا بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قالىسىلەر»③ [156]. ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى④،*

① ﴿ٱلْمُسْرِفِينَ﴾ «ھەددىدىن ئاشقۇچىلار» شېرىككە، كۇفرىغا چاقىرىدىغان ۋە ھەققە قارشى تۇرۇشتا باشلامچى بولىدىغان چوڭلار، باشلىقلار ۋە كاتتىباشلارنى كۆرسىتىدۇ.

② بۇ ئۇلارنىڭ تەلىۋى بويىچە بىر قورام تاشتىن چىقىرىپ بېرىلگەن مۆجىزىلىك تۆگە ئىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: قۇدۇقنىڭ سۈيىنى تۆگە بىر كۈن ئىچىدۇ، سىلەر بىر كۈن ئىچىسىلەر، دەپ بەلگىلەپ بەرگەن، ھەمدە ئۇلارغا: تۆگە سۇ ئىچىدىغان كۈنى سىلەر قۇدۇققا كەلمەيسىلەر، سىلەر سۇ ئىچىدىغان كۈنى تۆگە قۇدۇققا كەلمەيدۇ، دېگەن ئىدى.

③ ئىككىنچى ئاگاھلاندۇرۇشتا سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تۆگىگە قول تەككۈزمەڭلار، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەڭلار، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىدۇ، دېدى. بۇ تۆگە ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇ ئىچىپ، ئوتلاپ بىر مەزگىل تۇردى. رىۋايەتلەردە كېلىشىچە سەمۇد قەۋمى تۆگىنىڭ سۈتىدىن ئوبدان پايدىلاندى. لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يامان ئادەملەر بىرلىشىپ، تۆگىنى

ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كېلىشتى.

④ يەنى بۇ تۆگە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ بەلگىسى ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىل-ئىسپاتى ئىدى. شۇنداق تۇرسىمۇ، سەمۇد قەۋمى ئىمان ئېيتمىدى. كۇفرى ۋە شېرىك يولىدىن يانمىدى. ئۇلار يامانلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامىتى بولغان تۆگىنىڭ پۇت-قوللىرىنى كېسىپ ئېغىر زەخىملەندۈردى. تۆگە تۇرالماي يېتىپ قالدى، ئاندىن ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

فَأَصۡبَحُواْ نَٰدِمِينَ ﴿١٥٧﴾ فَأَخَذَهُمُ ٱلۡعَذَابُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ
أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٥٨﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٥٩﴾ كَذَّبَتۡ
قَوۡمُ لُوطٍ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٦٠﴾ إِذۡ قَالَ لَهُمۡ أَخُوهُمۡ لُوطٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٦١﴾ إِنِّي
لَكُمۡ رَسُولٌ أَمِينٞ ﴿١٦٢﴾ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٦٣﴾ وَمَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ
عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٦٤﴾ أَتَأۡتُونَ ٱلذُّكۡرَانَ
مِنَ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٦٥﴾ وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمۡ رَبُّكُم مِّنۡ أَزۡوَٰجِكُمۚ

*شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۇشايماندا قالدى① [157]. (ئاگاھلاندۇرۇلغان) ئازاب ئۇلارغا چۈشتى②، شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنىلا) ئىمان ئېيتمىدى [158]. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [159]. لۇتنىڭ قەۋمىمۇ③ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى [160]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى لۇت مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟ [161] مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئىشەنچىلىك پەيغەمبەرمەن [162]. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [163]. مەن بۇنىڭغا (يەنى دىنىي يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر [164]. رەببىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ*

***قويۇپ، ئەھلى جاھان ئىچىدىن ئەرلەرگە كېلەمسىلەر؟ (بەچچىۋازلىق قىلامسىلەر؟)④***

① يەنى ئۇلار تۇغقىنى ئۇلتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئەمدى سىلەرگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىلىدۇ، تۆتىنچى كۈنى ھالاك قىلىنىسىلەر، دېدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن راستتىنلا ئازابنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، ئۇلار پۇشايمان قىلغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلغىلى تۇردى. لېكىن ئازابنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، قىلغان پۇشايمان ۋە تەۋبىنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟

② يەنى ئۇلارغا چۈشكەن ئازاب شۇ بولدىكى، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن زېمىن قاتتىق تىترىدى، ئۈستىدىن قاتتىق ئاۋاز كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولدى.

③ لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى ھاران ئىبنى ئازەرنىڭ ئوغلى ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ قەۋمى «سەدوم» ۋە «ئەمۇرىيە» دېگەن شەھەرلەردە ياشايتتى. بۇ شەھەرلەر شامغا تەۋە جايلار ئىدى.

④ لۇت قەۋمىنىڭ ناھايىتى يامان بىر ئادىتى بار ئىدى. بۇ يامان ئادەت دەسلەپتە لۇت قەۋمىدىن تارقالغان بولغاچقا بۇ يامان قىلىقمۇ لىۋاتە دەپ ئاتالدى. لېكىن ھازىر بۇ قىلىق پۈتۈن دۇنياغا يامراپ كەتتى. ھەتتا ياۋرۇپا ئەللىرىدە قانۇن تەرىپىدىن يوللۇق بىر ئىش سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى. دېمەك ئەمدى بۇ قىلىق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەرگىز گۇناھ سانالمايدۇ. تەبىئىتى بۇزۇلغان ئۇ قەۋمنىڭ نەزىرىدە ئەر بىلەن ئايالنىڭ (ئۆز رازىلىقى بىلەن) نىكاھسىز جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشى جىنايەت ھېسابلانمايدىغان تۇرسا، ئىككى ئەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن لىۋاتە قىلىشى قانداقمۇ گۇناھ ۋە جىنايەت ھېسابلانسۇن؟ ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

بَلۡ أَنتُمۡ قَوۡمٌ عَادُونَ ١٦٦ قَالُواْ لَئِن لَّمۡ تَنتَهِ يَٰلُوطُ لَتَكُونَنَّ مِنَ

ٱلْمُخْرَجِينَ ﴿١٦٧﴾ قَالَ إِنِّى لِعَمَلِكُم مِّنَ ٱلْقَالِينَ ﴿١٦٨﴾ رَبِّ نَجِّنِى وَأَهْلِى
مِمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٦٩﴾ فَنَجَّيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ أَجْمَعِينَ ﴿١٧٠﴾ إِلَّا عَجُوزًا فِى
ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿١٧١﴾ ثُمَّ دَمَّرْنَا ٱلْءَاخَرِينَ ﴿١٧٢﴾ وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًا فَسَآءَ
مَطَرُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿١٧٣﴾

*سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى بىر قەۋم ئىكەنسىلەر»① [165-166]. ئۇلار ئېيتتى: «ئى لۇت! ئەگەر (بۇ دەۋىتىڭدىن) ۋاز كەچمىسەڭ، چوقۇم سۈرگۈن قىلىنغۇچىلاردىن بولىسەن»② [167]. لۇت ئېيتتى: «مەن سىلەرنىڭ قىلىقىڭلاردىن قاتتىق يىرگىنىمەن③ [168]. ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن (يەنە شۇ تۈپەيلى ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابتىن) مېنى ۋە تەۋەلىرىمنى قۇتقۇزغىن» [169]. بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق [170]. (ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئىچىدىن) پەقەت موماي (يەنى لۇتنىڭ ئايالى) ھالاك بولىدىغانلار ئىچىدە (قېلىپ قالدى)④ [171]. ئاندىن قالغانلارنى ھالاك قىلدۇق [172]. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز (تاشتىن) يامغۇر ياغدۇردۇق، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!⑤ [173].*

① ﴿عَادُونَ﴾ «عَادٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى ھەددىدىن ئاشقۇچى يەنى ھەقنى قويۇپ باتىلنى، ھالالنى قويۇپ ھارامنى ئىختىيار قىلغۇچى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا شەرئىي نىكاھ ئارقىلىق ئايال بىلەن ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىنى ھالال قىلىپ بەردى. بىر ئەر بىلەن يەنە بىر ئەرنىڭ لىۋاتە (بەچچىۋازلىق) قىلىشىنى ھارام قىلدى. لۇت قەۋمى ئاياللارنى تاشلاپ، ئەرلەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىش بىلەن ھەددىدىن ئاشتى.

② يەنى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ۋەز-نەسىھىتىگە جاۋابەن دېدىكى، سەن ناھايىتى پاك بىر ئادەمسەن، ئەگەر دەۋىتىڭدىن قايتمىساڭ، چوقۇم بىز سېنى ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىمىز. بۇگۈنمۇ يامانلار غەلىبە قىلىپ، گۇناھ ئىشلار كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ياخشىلار بېشىنى

ئېچىگە تېقىپ ياشاشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ياخشىلار ئۈچۈن پاك ياشاش يولى تار بولۇپ كەتتى.

③ يەنى مەن بۇ قىلمىشلىرىڭلارنى يامان كۆرىمەن. ئۇنىڭغا رازى بولمايمەن ۋە مەن سىلەردىن ئادا ـ جۇدامەن.

④ بۇنىڭدىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان قېرى ئايالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ مومايمۇ ئاقىۋەتتە قەۋمى بىلەن بىللە ھالاك بولۇپ كەتتى.

⑤ يەنى بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بەلگىلىك ساپال تاشلارنى ياغدۇرۇپ ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ شەھىرىنى دۈم كۆمتۈرىۋەتتۇق. تەپسىلاتى سۈرە ھۇد 82 ـ، 83 ـ ئايەتلەردە بايان قىلىندى.

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٧٤﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ
ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٧٥﴾ كَذَّبَ أَصْحَٰبُ لْـَٔيْكَةِ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٧٦﴾ إِذْ قَالَ
لَهُمْ شُعَيْبٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٧٧﴾ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٧٨﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ
وَأَطِيعُونِ ﴿١٧٩﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٨٠﴾ ۞ أَوْفُوا۟ ٱلْكَيْلَ وَلَا تَكُونُوا۟ مِنَ ٱلْمُخْسِرِينَ ﴿١٨١﴾

***شەكسىزكى، بۇنىڭدا (كېيىنكىلەر ئۈچۈن) چوڭ ئىبرەت بار ئىدى، (ئەمما) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىدى [174]. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [175]. ئەيكىلىكلەرمۇ① پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى [176]. ئۆز ۋاقتىدا شۇئەيب ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟ [177]. مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن [178]. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [179]. مەن بۇنىڭغا (يەنى دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدىغان زات پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر [180]. (ئۆلچىگەندە) تولۇق ئۆلچەڭلار، (كىشىلەرنىڭ***

**ھەققىنى) كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار② [181].**

① «أَيۡكَةِ» جاڭگال، ئورمانلىق دېگەن مەنىدە. بۇنىڭدىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتى «مەديەن» ئەتراپىدا ياشايدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە «ئەيكە» دېگەن بىر دەرەخنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ دەرەخ مەديەندىكى كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان يېزىدا ئىدى. ئۇلار شۇ «ئەيكە» دېگەن دەرەخكە چوقۇناتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت قىلىش دائىرىسى مەديەندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يېزىلاردىكى كىشىلەر «ئەيكە» دەرىخىگە چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن ئەسھابۇلئەيكە يەنى «ئەيكىلىكلەر» دەپ ئاتالغان. شۇ ۋەجىدىن ئەيكىلىكلەر ۋە مەديەنلىكلەرنىڭ پەيغەمبىرى بىر ئىدى، يەنى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئىدى. بۇلار ھەممىسى بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى ئىدى. چۈنكى ئەيكە-قەۋمنىڭ ئىسمى ئەمەس بەلكى بىر دەرەخنىڭ ئىسمى بولغانلىقتىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسىدە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى نۇھنى، سالىھنى ۋە لۇتنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق دېگىنىدەك، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق دېيىلمىدى. يەنى ئۇنىڭ بىلەن قەۋمىنىڭ ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت تىلغا ئېلىنمىدى. ئەمما مەديەنلىكلەر تىلغا ئېلىنغاندا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېرىندىشى دەپ تىلغا ئېلىندى. چۈنكى مەديەن – قەۋمنىڭ ئىسمى ئىدى. ﴿مەديەن (خەلقىگە) ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)﴾. (سۇرە ئەئراف 85-ئايەت) بەزى مۇپەسسىرلەر ئەيكىلىكلەرنى مەديەنلىكلەردىن ئايرىم قەۋم، يۇرتلىرىنىمۇ ئايرىم يۇرت دەپ قاراپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئىككى قەۋمگە ئايرىم-ئايرىم پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. بىر قېتىم مەديەنگە، يەنە بىر قېتىم ئەسھابۇلئەيكىگە ئايرىم ئەۋەتىلگەن، دەيدۇ. لېكىن ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: توغرىسى شۇكى، ئەيكىلىكلەر بىلەن مەديەنلىكلەر بىر قەۋمدۇر. ئۇلار بىر قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن ئەيكىلىكلەرمۇ خۇددى مەديەنلىكلەر بۇيرۇلغىنىدەك ئۆلچەم ۋە تارازىنى تولۇق بېرىشكە بۇيرۇلدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىككى قەۋم ئەمەس، پەقەت بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

② يەنى سىلەر كىشىلەرگە بەرگەن ۋاقىتىڭلاردا، باشقىلاردىن ئالغاندا تولۇق ئالغاندەك، ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار. ئالغاندىمۇ، بەرگەندىمۇ بىر خىل ئۆلچەم ئىشلىتىڭلار. باشقىلاردىن ئالغاندا تولۇق ئېلىپ، بەرگەندە كەم بېرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار.

وَزِنُواْ بِٱلۡقِسۡطَاسِ ٱلۡمُسۡتَقِيمِ ﴿١٨٢﴾ وَلَا تَبۡخَسُواْ ٱلنَّاسَ أَشۡيَآءَهُمۡ
وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ﴿١٨٣﴾ وَٱتَّقُواْ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ وَٱلۡجِبِلَّةَ
ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٨٤﴾ قَالُوٓاْ إِنَّمَآ أَنتَ مِنَ ٱلۡمُسَحَّرِينَ ﴿١٨٥﴾ وَمَآ أَنتَ إِلَّا
بَشَرٌ مِّثۡلُنَا وَإِن نَّظُنُّكَ لَمِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿١٨٦﴾ فَأَسۡقِطۡ عَلَيۡنَا كِسَفًا
مِّنَ ٱلسَّمَآءِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٨٧﴾ قَالَ رَبِّيٓ أَعۡلَمُ بِمَا
تَعۡمَلُونَ ﴿١٨٨﴾

***(نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار① [182]. كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولسۇن) كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى كەم بەرمەڭلار②، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار③ [183]. سىلەرنى ۋە ئىلگىرىكى ئىنسانلارنى ياراتقان ئاللاھتىن قورقۇڭلار»④ [184]. ئۇلار ئېيتتى: «سەن راستىنلا سېھىرلىنىپ قالغانلاردىن ئىكەنسەن [185]. سەن پەقەت بىزگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان، سېنى بىز ئەلۋەتتە يالغانچىلاردىن دەپ قارايمىز⑤ [186]. ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈپ باققىن»⑥ [187]. شۇئەيب ئېيتتى: «رەببىم، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ»⑦ [188].***

① شۇنىڭدەك تارازىغا ھىيلە ئىشلەتمەڭلار، بەلكى تولۇق ۋە توغرا ئۆلچەپ بېرىڭلار.

② كىشىلەرگە بەرگەندە تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بەرمەڭلار.

③ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، زېمىندا پىتنە-پاسات تارىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنىڭدىن «قاراقچىلىق

قىلماڭلار» دېگەن مەنىنى ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ قەۋم يەنە يول توسۇپ بۇلاڭچىلىقمۇ قىلاتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ﴿ھەر يولدا ئولتۇرۇپ ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارغا تەھدىت سالماڭلار، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسماڭلار ۋە ئۇ يولنى ئەگرى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماڭلار﴾. (سۈرە ئەئراف 86-ئايەت).

④ ﴿جِبِلَّةَ﴾ ۋە «جِبِلٌّ» مەخلۇقلار، كىشىلەر توپى، جامائەت، ئۈممەت دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا شەيتان ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ أَضَلَّ مِنْكُمْ جِبِلًّا كَثِيرًا﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى﴾. (سۈرە ياسىن 62-ئايەت)بۇ سۆز كۆپ كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ جامائە، كىشىلەر توپى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ يەنى سەن، ئاللاھ تائالا ماڭا ۋەھيي نازىل قىلدى، مېنى پەيغەمبەر قىلدى، دەپ دەۋا قىلىۋاتىسەن. بىز سېنى بۇ دەۋايىڭدا يالغانچى دەپ قارايمىز. چۈنكى، سەن بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان تۇرساڭ، قانداق بولۇپ ساڭا بۇ شەرەپ نېسىپ بولۇپ قالىدۇ؟

⑥ ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ تەنبىھ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا جاۋابەن دېدىكى، ئەگەر سۆزۈڭدە راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماننىڭ بىر پارچىسىنى ياكى بىر تەرىپىنى چۈشۈرۈپ كۆرسەتكىن. يەنە بىر مەنىسى، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈپ باققىن، دېمەكتۇر.

⑦ يەنى سىلەرنىڭ كۇفرىلىق ۋە شېرىككە ياتىدىغان قىلمىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ ۋە قىلمىشلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. ئەگەر خالىسا، دۇنيادىمۇ جازا بېرىدۇ. دۇنيادا جازالاش ياكى ئاخىرەتتە ئازابلاش ئۇنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر.

فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَهُمْ عَذَابُ يَوْمِ ٱلظُّلَّةِ إِنَّهُۥ كَانَ عَذَابَ يَوْمٍ
عَظِيمٍ ﴿١٨٩﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٩٠﴾ وَإِنَّ
رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٩١﴾ وَإِنَّهُۥ لَتَنزِيلُ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٩٢﴾

*ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلدى، (شۇنىڭ بىلەن) ئۇلارنى سايە*

***كۈننىڭ ئازابى تۇتتى①. ھەقىقەتەن ئۇ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابى ئىدى [189]. شەكسىزكى، بۇنىڭدا چوڭ ئىبرەت بار. ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنىلا) ئىمان ئېيتمىدى [190]. ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ مۇتلەق غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [191]. شۈبھىسىزكى، بۇ (قۇرئان) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر② [192].***

① ئۇلارمۇ مەككە كاپىرلىرىغا ئوخشاش ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈشنى تىلەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەلىۋى بويىچە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردى. بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئۇلارغا كەلگەن ئازابنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: دەسلەپتە ئۇلارغا يەتتە كۈنگىچە كۈچلۈك ئاپتاپ، قاتتىق ئىسسىق مۇسەللەت قىلىنغان. ئاندىن ئۇلارغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بىر پارچە بۇلۇت ئەۋەتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتاپتىن قېچىپ، بۇلۇتنىڭ سايىسى ئاستىغا جەم بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇلۇت سايىسىدا بىر ئاز سالقىندىغان. ئۇزاق ئۆتمەي تۇيۇقسىزلا ئۇلارغا ئاسماندىن يالقۇنلۇق ئوت يېغىشقا باشلىغان. زېمىن قاتتىق تەۋرەپ كەتكەن، دەل شۇ چاغدا ناھايىتى قاتتىق بىر ئاۋاز كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن، يەنى بىراقلا ئۆلگەن. دېمەك ئۇلارغا بۇلۇت سايە تاشلىغان كۈنى ئۈچ خىل ئازاب كەلگەن. شۇڭا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە: ﴿ئۇلارنى سايە كۈننىڭ ئازابى تۇتتى (يەنى ھالاك قىلدى)﴾ دېدى.

* ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۈچ جايدا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش جەريانىنى تىلغا ئالدى. ئۈچ جاينىڭ ھەر بىرىدە شۇ جايدىكى ۋەقەگە ماس كېلىدىغان ئايرىم ئازاب چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى. مەسىلەن: سۈرە ئەئراف 88-ئايەتتە، زېمىن قاتتىق تىترەپ، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى. چۈنكى، ئۇلار مۇئمىنلەرنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىمىز دەپ، تەھدىت سېلىپ ئۇلارنى تىترەتكەن ئىدى. سۈرە ھۇد 94-ئايەتتە ئۇلارغا قاتتىق ئاۋاز يۈزلەنگەنلىكى بايان قىلىندى. چۈنكى، ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى مازاق قىلغان ۋە كەمسىتكەن ئىدى. بۇ سۈرە شۇئەرادا ئۇلار: ﴿بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈپ باققىن﴾ دېگەن ئىدى، ئۇلارغا ئاسماندىن ئوت چۈشتى. دېمەك بۇ قەۋمگە ئۈچ خىل ئازاب كەلدى.

نَزَلَ بِهِ ٱلرُّوحُ ٱلۡأَمِينُ ﴿١٩٣﴾ عَلَىٰ قَلۡبِكَ لِتَكُونَ مِنَ ٱلۡمُنذِرِينَ ﴿١٩٤﴾
بِلِسَانٍ عَرَبِيّٖ مُّبِينٖ ﴿١٩٥﴾ وَإِنَّهُۥ لَفِي زُبُرِ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٩٦﴾ أَوَلَمۡ يَكُن
لَّهُمۡ ءَايَةً أَن يَعۡلَمَهُۥ عُلَمَٰٓؤُاْ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿١٩٧﴾ وَلَوۡ نَزَّلۡنَٰهُ عَلَىٰ
بَعۡضِ ٱلۡأَعۡجَمِينَ ﴿١٩٨﴾ فَقَرَأَهُۥ عَلَيۡهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ مُؤۡمِنِينَ ﴿١٩٩﴾
كَذَٰلِكَ سَلَكۡنَٰهُ فِي قُلُوبِ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٢٠٠﴾ لَا يُؤۡمِنُونَ بِهِۦ حَتَّىٰ
يَرَوُاْ ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَلِيمَ ﴿٢٠١﴾ فَيَأۡتِيَهُم بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٢٠٢﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن① ، ئۇنى ئىشەنچىلىك (پەرىشتە) جىبرىل سېنىڭ قەلبىڭگە② روشەن ئەرەب تىلىدا ئېلىپ چۈشتى③ [193 ـ 195]. ھەقىقەتەن ئۇ (قۇرئان) ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلاردىمۇ تىلغا ئېلىنغاندۇر④ [196]. (ئابدۇللا ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان ھەمراھلىرىغا ئوخشاش) ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى ئۆلىمالارنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولالمامدۇ؟⑤ [197]. ئەگەر بىز قۇرئاننى ئەجەملەرنىڭ بىرىگە (يەنى ئەرەب بولمىغان بىر ئادەمگە) نازىل قىلغان بولساق، ئۇ ئادەم قۇرئاننى ئۇلارغا ئوقۇپ بەرسە، ئۇلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەنمەيتتى⑥ [198 ـ 199]. شۇنىڭدەك، گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا ئىنكارچىلىقنى سېلىۋەتتۇق (ئۇلار قۇرئاننى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ پاساھەت ـ بالاغىتىنى ۋە مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتمىدى)⑦ [200]. ئۇلار قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ [201]. (ئۇ ئازاب) ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ، ئۇلار (ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى) تۇيماي قالىدۇ [202].***

① بۇ ئىبارە قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

② ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «سېنىڭ قەلبىڭگە» دەپ قەلبنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. سەۋەبى شۇكى، ئىچكى سەزگۈ ئەزالار ئىچىدە قەلبنىڭ ئىدراك ۋە ساقلاش ئىقتىدارى ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

③ مەككە كاپىرلىرى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھىي

ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە پەيغەمبەرلىكىنىمۇ يالغانغا چىقاردى. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق قۇرئاننىڭ شەكسىز ئىلاھىي ۋەھيى ئىكەنلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلدى. چۈنكى، ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولمىسا، خەت ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان تۇرۇپ، قانداقمۇ ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپ بېرەلىسۇن؟ بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قۇرئان كەرىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر، ئۇنى ئىشەنچلىك پەرىشتە جىبرىل ئېلىپ چۈشكەندۇر.

④ يەنى ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قايسى شەھەردىن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقى ئىلگىرىكى كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغاندەك، قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈرۈلۈشى ھەققىدىكى بېشارەتمۇ ئىلگىرىكى سەھىپىلەردە بايان قىلىنغان ئىدى. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، قۇرئان كەرىمدىكى ئەھكاملارمۇ بارلىق شەرىئەتلەرگە ئۇيغۇن ھەم بىر يەردىن چىققان بولۇپ، ئىلگىرىكى كىتابلاردىمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

⑤ چۈنكى ئىلگىرىكى كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان كەرىم تىلغا ئېلىنغان. مەككە كاپىرلىرى دىنىي ئىشلاردا يەھۇدىيلارغا مۇراجىئەت قىلاتتى. بۇنى ئېتىبارغا ئېلىپ دېدىكى، مۇشرىكلارغا ئەھلى كىتابنىڭمۇ بۇ ئىشنى بىلىدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەنلىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى، يەنە قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغانلىقىغا پاكىت ئەمەسمۇ؟ يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ؟

⑥ ئەگەر قۇرئان كەرىم باشقا بىر ئەجەم تىلىدا نازىل قىلىنغان بولسا، ئۇلار: بۇ تىلنى بىز چۈشەنمەيمىز، دەيتتى. سۈرە فۇسسىلەت 44-ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك.

⑦ يەنى ﴿سَلَكْنٰهُ﴾دىكى ئالماش كۇفۇرلۇق، ئىنكار قىلىش، ئىشەنمەسلىك، تەرسالىق دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدىغان گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا

ئىنكار قىلىش، كۇفۇرلۇق، ئىشەنمەسلىك ۋە تەرسالىقتەك يامان ئىللەتلەرنى سالىدۇ.

فَيَقُولُواْ هَلۡ نَحۡنُ مُنظَرُونَ ﴿٢٠٣﴾ أَفَبِعَذَابِنَا يَسۡتَعۡجِلُونَ ﴿٢٠٤﴾ أَفَرَءَيۡتَ
إِن مَّتَّعۡنَٰهُمۡ سِنِينَ ﴿٢٠٥﴾ ثُمَّ جَآءَهُم مَّا كَانُواْ يُوعَدُونَ ﴿٢٠٦﴾ مَآ أَغۡنَىٰ
عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يُمَتَّعُونَ ﴿٢٠٧﴾ وَمَآ أَهۡلَكۡنَا مِن قَرۡيَةٍ إِلَّا لَهَا
مُنذِرُونَ ﴿٢٠٨﴾ ذِكۡرَىٰ وَمَا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٢٠٩﴾ وَمَا تَنَزَّلَتۡ بِهِ
ٱلشَّيَٰطِينُ ﴿٢١٠﴾ وَمَا يَنۢبَغِي لَهُمۡ وَمَا يَسۡتَطِيعُونَ ﴿٢١١﴾ إِنَّهُمۡ عَنِ
ٱلسَّمۡعِ لَمَعۡزُولُونَ ﴿٢١٢﴾

*(شۇ چاغدا) ئۇلار: «بىزگە (ئىمان ئېيتىشىمىز ئۈچۈن) مۆھلەت بېرىلەمدىغاندۇ؟» دېيىشىپ كېتىدۇ① [203]. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، يەنىلا) ئۇلار ئازابىمىزنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىگە ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟② [204]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى يىللارچە (نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەر (ئۇلاردىن ئازابنى توسۇپ قىلىشتا) نېمىگە ئەسقاتىدۇ③ [205 ـ 207]. قانداقلىكى شەھەر بولسۇن، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇنى ھالاك قىلمىدۇق، بىز (ئۇلارنى جازالاشتا) ئەسلا زۇلۇم قىلغۇچى بولمىدۇق④ [208 ـ 209]. قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق [210]. بۇ ئىش ئۇلارغا لايىق ئەمەس (يەنى ئۇ بۇلار قىلالىدىغان ئىش ئەمەس). (ئۇنىڭغا) ئۇلارنىڭ زادى كۈچى يەتمەيدۇ [211]. چۈنكى، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) ئوغرىلىقچە (ۋەھىينى) تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنغان⑤ [212].*

① لېكىن ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن مۆھلەت بېرىلمەيدۇ، ئۇ چاغدا قىلغان تەۋبىمۇ قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى﴾.

(سۈرە غافىر 85-ئايەت)

② بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ پەيغەمبەردىن ئازابنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى سورىغان تەلىپىگە ئىشارەت قىلىدۇ: ﴿ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرگىن﴾. (سۈرە ئەنكەبۇت 29-ئايەت)

③ يەنى بىز ئۇلارغا ئۇزۇن ۋاقىت مۆھلەت بەرسەك، ئاندىن ئۇلارغا ئازابىمىز كەلسە، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ئەسقاتامدۇ؟ يەنى ئۇلاردىن ئازابنى توساپ قالالامدۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە، ئۇلاردىن ئازابنى توسۇپ قالالمايدۇ. ﴿ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ﴾. (سۈرە بەقەرە 69 - ئايەت) ﴿ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾. (سۈرە لەيل 11 - ئايەت)

④ ئەگەر بىر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتمەي، ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەي تۇرۇپ، ھالاك قىلساق، زۇلۇم قىلغانلىق بولاتتى. بىز ئۇنداق زۇلۇم قىلمىدۇق بەلكى ئادالەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئاۋۋال ھەر شەھەر ئەھلىگە پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. پەيغەمبەر ئۇلارنى ئازابىمىزدىن ئاگاھلاندۇردى. ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق. بۇ مەزمۇن سۈرە بەنى ئىسرائىل 15 - ئايەت، سۈرە قەسەس 59-ئايەتلەردە بايان قىلىندى.

⑤ بۇ ئايەتلەردە قۇرئان كەرىمنىڭ – شەيتاننىڭ دەخلى-تەرۇزلىرىدىن – ساقلانغانلىقى بايان قىلىندى. بىرىنچىدىن: شەيتانلارنىڭ قۇرئاننى ئېلىپ چۈشۈش سالاھىيىتى يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەقسىتى يامانلىق، بۇزغۇنچىلىق، پىتنە-پاسات تارقىتىشتىن ئىبارەت. ئەمما قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسىتى ياخشىلىققا بۇيرۇش، بارلىق گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنىڭ ئىشىكىنى تاقاشتۇر. بۇنىڭدىن بۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە قارشى ھەم ئۆزئارا زىددىيەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن: شەيتانلارنىڭ ئۇنداق قىلىشقا قۇدرىتى ھەم يەتمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن: قۇرئان چۈشۈۋاتقان چاغدا شەيتانلار ئۇنى ئاڭلاشتىن يىراقلاشتۇرۇلغان ھەم ئۇلارغا ئۇنداق پۇرسەت بېرىلمىگەن. ئاللاھ ئاسماندا يۇلتۇزلارنى قوغدىغۇچى قىلىپ بەلگىلىگەن بولۇپ، قاچان شەيتانلار ئاسمانغا ئۆرلىمەكچى بولسا، بۇ يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بەرق-چاقماق بولۇپ ئۆرۈلىدۇ، ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى شەيتانلاردىن

قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

فَلَا تَدۡعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتَكُونَ مِنَ ٱلۡمُعَذَّبِينَ ﴿٢١٣﴾ وَأَنذِرۡ
عَشِيرَتَكَ ٱلۡأَقۡرَبِينَ ﴿٢١٤﴾ وَٱخۡفِضۡ جَنَاحَكَ لِمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٢١٥﴾ فَإِنۡ عَصَوۡكَ فَقُلۡ إِنِّي بَرِيٓءٞ مِّمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٢١٦﴾

***(شۇڭا) سەن ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى قوشۇپ ئىبادەت قىلمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ) ئازابقا قالدۇرۇلغانلاردىن بولۇپ قالىسەن [213]. (ئى پەيغەمبەر! ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن① [214]. ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن [215]. ئەگەر ئۇلار ساڭا ئاسىيلىق قىلسا: «مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن ئادا ـ جۇدا مەن» دېگىن [216].***

① پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتى پەقەت ئۇرۇق-تۇغقانلارغا خاس ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قەۋمگە ئومۇمىي بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر، يولباشچى ۋە رەھبەر بولۇپ كەلگەن ئىدى. يېقىن تۇغقانلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئومۇمىي دەۋەتكە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىر قىسمى ياكى ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋۋەلقى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئاتىسى ئازەرنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلغان ئىدى. بۇ بۇيرۇق چۈشكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سافا تېغىغا چىقىپ، يا ساباھا! دەپ ۋاقىرىدى. بۇ دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز ئىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كىشىلەر بۇ يەرگە جەم بولدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى ئابدۇل مۇتەللىپ جەمەتى! ئى فەھرى جەمەتى! ئى لۇئەي جەمەتى! ئېيتىڭلارچۇ! ناۋادا مەن مۇشۇ تاغنىڭ كەينىدە ئۈستۈڭلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر ئاتلىق قوشۇن بار دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دېدى. ھەممىسى بىردەك: ھەئە، ئىشىنىمىز، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا مېنى سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى، مەن قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن سىلەرنى

ئاگاھلاندۇرىمەن» دېدى. ئەبۇلەھەپ قوپۇپ: ساڭا ھالاكەت بولسۇن، سەن بىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرتقانمىدىڭ؟ دېدى. ئاللاھ تائالا ئەبۇلەھەبكە جاۋابەن سۈرە تەببەتنى چۈشۈردى. (سەھىھۇل بۇخارى 4973-ھەدىس)
ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تۇرۇپ: «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! ئى ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ قىزى سەفىيە! ئى ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ ئوغۇللىرى! ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار. مەن ئۇ يەردە سىلەرگە دال بولالمايمەن» دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 206-ھەدىس)

وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱلْعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٢١٧﴾ ٱلَّذِى يَرَىٰكَ حِينَ تَقُومُ ﴿٢١٨﴾ وَتَقَلُّبَكَ
فِى ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٢١٩﴾ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٢٢٠﴾ هَلْ أُنَبِّئُكُمْ عَلَىٰ
مَن تَنَزَّلُ ٱلشَّيَٰطِينُ ﴿٢٢١﴾ تَنَزَّلُ عَلَىٰ كُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ ﴿٢٢٢﴾ يُلْقُونَ
ٱلسَّمْعَ وَأَكْثَرُهُمْ كَٰذِبُونَ ﴿٢٢٣﴾ وَٱلشُّعَرَآءُ يَتَّبِعُهُمُ ٱلْغَاوُۥنَ ﴿٢٢٤﴾ أَلَمْ
تَرَ أَنَّهُمْ فِى كُلِّ وَادٍ يَهِيمُونَ ﴿٢٢٥﴾ وَأَنَّهُمْ يَقُولُونَ مَا لَا يَفْعَلُونَ ﴿٢٢٦﴾

*سېنىڭ (نامازغا) تۇرغان ۋاقتىڭدىكى ھالىتىڭنى ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى (سەجدىگە بارغان، رۇكۇغا تۇرغان ۋە قىيامدا تۇرغان ۋاقتلاردىكى) ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدىغان① مۇتلەق غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن [217 ـ 219]. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [220]. (ئى مۇھەممەد! سېنى كاھىن دېگەن كاپىرلارغا ئېيتقىنكى) مەن سىلەرگە شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ [221]. ئۇلار ھەربىر تۆھمەتخور گۇناھكارغا چۈشىدۇ② [222]. ئۇلار ئۇنىڭغا (ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان) گەپلەرنى يەتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ (يەنى شەيتانلار) تولىسى يالغانچىلاردۇر③ [223]. شائىرلارغا ئازغۇنلار ئەگىشىدۇ [224]. ئۇلارنىڭ ھەر ۋادىدا تېڭىرقاپ يۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرى قىلمايدىغان ئىشلارنى دەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟④ [225 ـ 226].*

① يەنە بىر مەنىسى: ئاللاھ تائالا سېنى سەن يالغۇز نامازغا تۇرغاندىمۇ ۋە جامائەت بىلەن نامازغا تۇرغاندىمۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ.

② بۇ قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىغا شەيتان ئارىلاشقان ئەمەس. چۈنكى، شەيتان دېگەن كازراپلار (كاھىن، رەممال، داخان قاتارلىق) پاسىقلارغا چۈشىدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارغا چۈشمەيدۇ.

③ يەنى شەيتانلار ئاسماندا بولۇۋاتقان سۆزلەرگە ئوغرىلۇقچە قۇلاق سېلىپ بىر-ئىككى ئېغىز سۆزنى ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار شۇ بىر-ئىككى ئېغىز سۆزنى ئىنسانلار ئىچىدىكى كاھىنلارغا يەتكۈزىدۇ. كاھىنلار ئۇنىڭغا يۈز يالغاننى قوشۇپ، كىشىلەرگە سۆزلەيدۇ. سەھىھ ھەدىستە شۇنداق بايان قىلىنغان. (سەھىھۇل بۇخارى 7561-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2228-ھەدىسكە قارالسۇن) ﴿يُلْقُوْنَ السَّمْعَ﴾دىكى ﴿السَّمْعَ﴾ دېگەن سۆزنى «مَسْمُوْعٌ «ئاڭلانغان سۆزلەر مەنىسىدە كەلگەن دەپ ئالغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى: شەيتانلار ئاسماندىن ئاڭلىۋالغان بىر قىسىم سۆزلەرنى كاھىنلارغا يەتكۈزىدۇ، دېگەن بولىدۇ. ئەگەر ﴿السَّمْعَ﴾ دېگەن سۆزنى قۇلاق مەنىسىدە كەلگەن دەپ ئالغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى: شەيتانلار ئاسمان تەرەپكە ئۆرلەپ، ئاسماندىكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئوغرىلۇقچە قۇلاق سالىدۇ. بىر قىسىم ئاڭلىۋالغان سۆزلەرنى كاھىنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

④ چۈنكى شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى مەدھىيىلەش ۋە تەنقىدلەشتە ئۇسۇل ۋە پرىنسىپ بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ياقتۇرۇش ۋە ياقتۇرماسلىق خاھىشى بويىچە ئىدىيەلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا مەدھىيىلىگەندە ياكى تەنقىدلىگەندە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. شائىرانە خىياللار ئىلكىدە بىردەم بۇ تەرەپ، بىردەم ئۇ تەرەپ بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ يەردە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرمۇ ئازغۇن-گۇمراھلاردۇر، دېيىلدى. ئەنە شۇنداق ئازغۇن شېئىرلار ھەققىدە مۇنداق ھەدىس كەلگەن: «بىر ئادەمنىڭ باغرى چوغ بىلەن توشقۇزۇلغىنى شېئىر بىلەن توشقۇزۇلغىنىدىن ياخشىدۇر.» (سەھىھ مۇسلىم 2257-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 2851-ھەدىس) مەزكۇر ئىشلارنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت شۇكى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز كاھىن ئەمەس، شائىرمۇ ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىككى تائىپىدىكىلەر يالغانچى كېلىدۇ. يەنە قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىر ئەمەسلىكى ئالاھىدە بايان قىلىنغان.

مەسىلەن: سۈرە ياسىن 69-ئايەتتە، سۈرە ھاققە 40-ئايەتتىن، 43-ئايەتكىچە.

إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَذَكَرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرًا وَٱنتَصَرُواْ مِنۢ بَعْدِ مَا ظُلِمُواْۗ وَسَيَعْلَمُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَىَّ مُنقَلَبٍ يَنقَلِبُونَ ﴿٢٢٧﴾

***پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان①، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەن، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا②، زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ③ [227].***

① ئۇ گۇمراھ شائىرلار قاتارىغا راستچىللىق ۋە ھەققانىيەت يولىنى تۇتقان شائىرلار كىرمەيدۇ. بۇ يەردە مۇستەسنا بولغان شائىرلارنىڭ سۈپەتلىرى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنىدىكى، ئۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدۇ، ياخشى ئەمەل قىلىدۇ، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىدۇ، گۇمراھ شائىرلاردەك يالغانچىلىق قىلمايدۇ، بىر نەرسىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ماختاپ، مۇبالىغىمۇ قىلمايدۇ، ئورۇنسىز تەنقىدلەپ، قىممىتىنى ھەم چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ. گۇمراھ شائىرلاردا بۇ مۇئمىن شائىرلاردا تېپىلغان سۈپەتلەر تېپىلمايدۇ.

② يەنى بۇنداق مۇئمىن شائىرلار مۇسۇلمانلارنى ھەجۋىيلەشتۈرگەن ۋە مەسخىرە قىلغان كاپىر شائىرلارغا رەددىيە بېرىدۇ. مەسىلەن: ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاپىرلارنىڭ ھەجۋىي شېئىرلىرىغا شېئىر بىلەن رەددىيە بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «كاپىرلارنىڭ ھەجۋىلىرىگە (شېئىر بىلەن) رەددىيە بەرگىن، جىبرىل سەن بىلەن بىللە!» دەيتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 3213-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2486-ھەدىس) بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، يالغانچىلىق ۋە مۇبالىغە قىلمىغان ئاساستا شېئىر يېزىش جايىز بولىدۇ. شائىر شېئىر ئارقىلىق مۇشرىكلار، كاپىرلار، بىدئەتچىلەر ۋە باتىل يولدىكى كىشىلەرگە رەددىيە بەرسە، ھەق يولنى بايان قىلسا، تەۋھىدكە دەۋەت قىلسا ۋە سۈننەتنى تارقاتسا، ئەلۋەتتە توغرا ئىش قىلغان بولىدۇ.

③ يەنى «أَيَّ مَرْجَعٍ يَرْجِعُوْنَ «قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ جاي بولسا، جەھەننەمدۇر. بۇ ئايەتتە زالىملارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى، زۇلۇم قىيامەت كۈنى زۇلمەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2578 ـ ھەدىس)

# سۈرە نەمل

| (٢٧) سورة النمل مكية ٩٣ آية | (27) سۈرە نەمل مەككىدە چۈشكەن 93 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

طسٓ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱلْقُرْءَانِ وَكِتَابٍ مُّبِينٍ ﴿١﴾ هُدًى وَبُشْرَىٰ
لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم
بِٱلْأَخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ﴿٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْأَخِرَةِ زَيَّنَّا لَهُمْ
أَعْمَٰلَهُمْ فَهُمْ يَعْمَهُونَ ﴿٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَهُمْ سُوٓءُ ٱلْعَذَابِ وَهُمْ
فِى ٱلْأَخِرَةِ هُمُ ٱلْأَخْسَرُونَ ﴿٥﴾ وَإِنَّكَ لَتُلَقَّى ٱلْقُرْءَانَ مِن لَّدُنْ
حَكِيمٍ عَلِيمٍ ﴿٦﴾ إِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِأَهْلِهِۦٓ إِنِّىٓ ءَانَسْتُ نَارًا سَـَٔاتِيكُم
مِّنْهَا بِخَبَرٍ أَوْ ءَاتِيكُم بِشِهَابٍ قَبَسٍ لَّعَلَّكُمْ تَصْطَلُونَ ﴿٧﴾

*تا، سىين. بۇلار قۇرئاننىڭ ۋە (ھەر نەرسىنى) روشەن بايان قىلغۇچى كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر [1]. (بۇ ئايەتلەر) نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكات بېرىدىغان ۋە ئاخىرەتكە چىن ئىشىنىدىغان① مۆئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە خۇش خەۋەردۇر [2 ـ 3]. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن چىرايلىق*

*كۆرسەتتۇق②. شۇڭا، ئۇلار (ئازغۇنلۇقلىرىدا) تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ③ [4]. ئەنە شۇلار (دۇنيادا) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر [5]. (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلمەكتە [6]. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئائىلىسىگە: «مەن ھەقىقەتەن بىر ئوت كۆردۈم، مەن (بېرىپ) سىلەرگە ئۇ يەردىن (يول توغرۇلۇق) بىرەر خەۋەر ئۇقۇپ كېلەي، ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن (ئوتتىن) بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي»④ دېگەن ئىدى [7].*

★ «نَمْلُ» چۈمۈلە دېمەكتۇر. بۇ سۈرىدە چۈمۈلىلەرنىڭ ۋەقەسى تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۈرە نەمل دەپ ئاتالغان.

① بۇ مەزمۇن بىر نەچچە جايدا تىلغا ئېلىندى. قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھىدايەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن نازىل بولغان بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇنىڭدىن ھىدايەت تاپىدىغانلار شۇنداق كىشىلەر بولىدۇكى، ئۇلار ھىدايەتنى تەلەپ قىلىدۇ، ھىدايەتكە قىزىقىدۇ، ھىدايەت ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ. ئەمما گۇناھنى كۆپ قىلىپ، دىللىرى قارىداپ كەتكەن، دىلى ۋە ئەقلىنىڭ دېرىزىلىرىنى ھەقنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاشتىن ئېتىۋالغانلارنى قۇرئان كەرىم قانداقمۇ ھىدايەت يولىغا سالالىسۇن؟ ئۇلار قۇياشنىڭ نۇرىدىن بەھرىمەن بولالمىغان كورلارغا ئوخشايدۇ، ۋەھالەنكى قۇياشنىڭ نۇرى پۈتۈن ئالەمنى يورۇتىدۇ.

② بۇ قىلمىشلىرى ئۆزىگە چىرايلىق بىلىنگەنلەردىن سادىر بولغان گۇناھنىڭ ۋابالى ۋە جازاسى بولۇپ، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئاساسى سەۋەبىدۇر. بۇ يەردىكى ئىبارىدە چىرايلىق كۆرسىتىشنى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە مەنسۇپ قىلدى. چۈنكى ھەر قانداق ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. بۇ ئىشمۇ «ياخشىلارغا ياخشىلىقنىڭ يوللىرى ئاسانلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ، يامانلارغا يامانلىقنىڭ يوللىرى ئاسانلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ» دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغاندۇر. ئەمما ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى يولدىن قايسىبىرىنى تاللاش ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ۋە ئىرادىسىغا باغلىقتۇر.

③ يەنى گۇمراھلىق كوچىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈپ، مېڭىۋاتقان يولىنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ، يەنە توغرا نىشانغا باشلايدىغان يول

كۆرسەتكۈچىمۇ تاپالمايدۇ.

④ بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىت مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەھلىيەسى بىلەن مەدىيەندىن قايتىپ كېلىۋاتقان، كېچە قاراڭغۇسىدا يولنى كۆرگىلى بولمايۋاتقان بىر چاغ ئىدى. يەنە ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن ئىسسىنىش ئۈچۈن ئوت لازىم ئىدى.

فَلَمَّا جَآءَهَا نُودِيَ أَنۢ بُورِكَ مَن فِي ٱلنَّارِ وَمَنۡ حَوۡلَهَا وَسُبۡحَٰنَ
ٱللَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٨﴾ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّهُۥٓ أَنَا ٱللَّهُ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٩﴾
وَأَلۡقِ عَصَاكَۚ فَلَمَّا رَءَاهَا تَهۡتَزُّ كَأَنَّهَا جَآنّٞ وَلَّىٰ مُدۡبِرٗا وَلَمۡ
يُعَقِّبۡۚ يَٰمُوسَىٰ لَا تَخَفۡ إِنِّي لَا يَخَافُ لَدَيَّ ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿١٠﴾ إِلَّا مَن
ظَلَمَ ثُمَّ بَدَّلَ حُسۡنَۢا بَعۡدَ سُوٓءٖ فَإِنِّي غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١١﴾

***مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە (مۇنداق) نىدا قىلىندى: «ئوتتا (تەجەللىسىنى كۆرسەتكەن) زات بەرىكەتلىكتۇر، ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىندى① . ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ پاكتۇر② [8]. ئى مۇسا! شەكسىزكى، مەن غالىب③ ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھتۇرمەن [9]. ھاساڭنى تاشلىغىن!» مۇسا (ھاسىسىنى تاشلىغاندىن كېيىن) ھاسىسىنىڭ گويا يىلاندەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چېكىندى، (قورققىنىدىن) كەينىگە قارىيالمىدى. (ئاللاھ ئېيتتى) «ئى مۇسا! قورقمىغىن④ ، شەكسىزكى، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر قورقمايدۇ [10]. لېكىن كىمكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىپ⑤ ، ئاندىن (تەۋبە قىلىپ) يامان قىلمىشلىرىنى تاشلاپ، ياخشى ئىش قىلسا ، ھەقىقەتەن مەن (ئۇنىڭغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى مېھرىبانمەن⑥ [11].***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام يىراقتىن ئوت يورۇقى كۆرۈنگەن يەرگە يەنى تۇر تېغىغا يېتىپ بارغاندا، ياپ ـ يېشىل بىر دەرەختىن ئوتنىڭ يورۇقى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەسلىدە ئۇ ئوت ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ نۇر

تەجەللىسى ئىدى. ئاللاھنىڭ نۇر تەجەللىسى ئوتقا ئوخشاش كۆرۈنگەن ئىدى. بۇ يەردىكى ﴿مَنۡ فِي ٱلنَّارِ﴾دىكى ﴿مَنۡ﴾ ئاللاھ تائالانى كۆرسىتىدۇ. ﴿ٱلنَّارِ﴾ ئاللاھنىڭ نۇرىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿وَمَنۡ حَوۡلَهَا﴾ ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەر دېگەندە مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەدىستە ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنى توسۇپ تۇرغان (ھىجاب) پەردە نۇر (يورۇقلۇق) يەنە بىر رىۋايەتتە «نَارٌ» (ئوت) دەپ ئاتالغان. يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆز زاتىنى توسۇپ تۇرغان پەردىنى ئېلىۋەتسە، ئۇنىڭدىن چىققان نۇر پۈتۈن مەخلۇقاتنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 293 ـ ھەدىس)

② يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزى تەرىپىدىن يارىتىلغان نەرسىلەرگە ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. بۇ يەردە ئاللاھنىڭ پاكلىقىنى بايان قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، بۇ غايىپتىن كەلگەن نىدادىن، مۇشرىكلار ئويلىغاندەك، ئاللاھ تائالا مۇشۇ ئوتقا ياكى دەرەخنىڭ ئىچىگە چۈشكەن دەپ چۈشىنىش خاتادۇر. بەلكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز زاتىنى ئىزھار قىلىشتىكى بىر ئۇسۇلى بولۇپ، ئومۇمەن پەيغەمبەرلەرگە دەسلەپتە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغاندا مۇشۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا بەزىدە ئۆزىنىڭ نۇر تەجەللىسى بىلەن، بەزىدە ئۆزى بىۋاستە سۆزلەش ئارقىلىق، بەزىدە پەرىشتىلەر ئارقىلىق تاللىغان بەندىلىرىگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دەل مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئىشلىتىلدى.

③ غايىپتىن نىدا كەلگەنلىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئىدى. ئاللاھ تائالا دېدىكى: ئى مۇسا! قورقمىغىن، مەن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھمەن.

④ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەر غەيبنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىلىدىغان بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قولدىكى ھاسىسىدىن قورقمىغان بولاتتى. يەنە بىر نۇقتا ئېنىق بولدىكى، پەيغەمبەردىمۇ تەبىئىي قورقۇنچ بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇمۇ ھامان ئىنساندۇر.

⑤ يەنى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئادەم ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ تۇرىشى لازىم.

⑥ يەنى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنىمۇ قوبۇل قىلىمەن.

وَأَدْخِلْ يَدَكَ فِى جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَآءَ مِنْ غَيْرِ سُوٓءٍ ۖ فِى تِسْعِ ءَايَٰتٍ
إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَقَوْمِهِۦٓ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا فَٰسِقِينَ ﴿١٢﴾ فَلَمَّا جَآءَتْهُمْ
ءَايَٰتُنَا مُبْصِرَةً قَالُوا۟ هَٰذَا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿١٣﴾ وَجَحَدُوا۟ بِهَا وَٱسْتَيْقَنَتْهَآ
أَنفُسُهُمْ ظُلْمًا وَعُلُوًّا ۚ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿١٤﴾ وَلَقَدْ
ءَاتَيْنَا دَاوُۥدَ وَسُلَيْمَٰنَ عِلْمًا ۖ وَقَالَا ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى فَضَّلَنَا عَلَىٰ كَثِيرٍ
مِّنْ عِبَادِهِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٥﴾ وَوَرِثَ سُلَيْمَٰنُ دَاوُۥدَ ۖ

***قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ بىرەر كېسەلدىن ئەمەس (بەلكى مۆجىزە سۈپىتىدە) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ①، (بۇ ئىككى مۆجىزە) توققۇز مۆجىزىنىڭ ئىچىدىدۇر، (ئۇلارنى ئېلىپ) پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە بارغىن②، ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم ئىدى» [12]. ئۇلارغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىز (ھەقىقەتنى ئوپئوچۇق) نامايان قىلغۇچى بولۇپ③ كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى [13]. ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرگە دىلىدا شەكسىز ئىشەنگەن (يەنى ئۇلارنىڭ راستلىقىغا جەزم قىلغان) تۇرۇپ، زۇلۇم (يەنى ھەقىقەتكە قارشى چىقىش) ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئىنكار قىلدى④. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن [14]. ھەقىقەتەن بىز داۋۇدقا ۋە سۇلەيمانغا (دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ) ئىلىم ئاتا قىلدۇق⑤، ئۇلار: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى نۇرغۇنلىغان مۇئمىن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان ئاللاھقا خاستۇر!» دېدى [15]. سۇلەيمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى⑥.***

① ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز ياكى كېسەلسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ. مانا بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسا بىلەن بىرگە بېرىلگەن يەنە بىر مۆجىزە ئىدى.

② ﴿فِى تِسْعِ ءَايَٰتٍ﴾ يەنى بۇ ئىككى مۆجىزە مەن ساڭا ھەق پەيغەمبەرلىكنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بېرىدىغان توققۇز مۆجىزىنىڭ جۈملىسىدىن. بۇنى

ئېلىپ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ يېنىغا بارغىن. بۇ توققۇز مۆجىزىنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئىسرا 101 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

③ ﴿مُبْصِرَةً﴾ كۆزنى ئاچقۇچى، روشەن، ھەقىقەتنى ئوپئوچۇق نامايان قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز ئەرەبچىدە ئېنىقلىغۇچى ئىسىم بولۇپ، سۈپەت مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

④ يەنى ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغانلىقى زۇلۇم ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىدى.

⑤ سۈرىنىڭ بېشىدا قۇرئاننىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسى قىسقىچە بايان قىلىندى. مانا ئەمدى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىشتىن مەقسەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىل بىلەن ئىسپاتلاشتۇر. بۇ ئايەتتىكى «ئىلىم» دېگەندە پەيغەمبەرلىك ئىلمىدىن باشقا يەنە داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تۆمۈردىن ھەر خىل ئەسۋابلارنى ياسايدىغان سانائەت ئىلمى ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ھايۋانلارنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغان ئىلىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئاتا ـ بالا پەيغەمبەرلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن نېمەتلەر ئاتا قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ئىلىمنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەڭ بۈيۈك نېمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ بۇ يەردىكى مىراس قالغان نەرسە پەيغەمبەرلىك، ئىلىم ۋە پادىشاھلىق بولۇپ، بۇلارغا پەقەت سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملا ۋارىسلىق قىلغان. بولمىسا، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى، ئۇلارغا بۇ مىراس بېرىلمىدى. ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مىراس پەقەت ئىلىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردىن قالغان مال ـ مۈلۈك سەدىقە بولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىستە بايان قىلغاندەك: «بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسى تەقسىم قىلىنمايدۇ. بىز قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكلەر سەدىقىدۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 6727 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1758 ـ ھەدىس)

وَقَالَ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ عُلِّمۡنَا مَنطِقَ ٱلطَّيۡرِ وَأُوتِينَا مِن كُلِّ شَيۡءٍۖ إِنَّ
هَـٰذَا لَهُوَ ٱلۡفَضۡلُ ٱلۡمُبِينُ ١٦ وَحُشِرَ لِسُلَيۡمَـٰنَ جُنُودُهُۥ مِنَ ٱلۡجِنِّ
وَٱلۡإِنسِ وَٱلطَّيۡرِ فَهُمۡ يُوزَعُونَ ١٧ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَتَوۡاْ عَلَىٰ وَادِ ٱلنَّمۡلِ
قَالَتۡ نَمۡلَةٞ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّمۡلُ ٱدۡخُلُواْ مَسَٰكِنَكُمۡ لَا يَحۡطِمَنَّكُمۡ
سُلَيۡمَـٰنُ وَجُنُودُهُۥ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ١٨

***ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى بىلدۈرۈلدى① ۋە (ئېھتىياجلىق بولغان) ھەممە نەرسە بېرىلدى②. بۇ ئەلۋەتتە، (ئاللاھتىن كەلگەن) ئوپئوچۇق ئېھساندۇر» دېدى [16]. سۇلەيماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا توپلاندى③. ئۇلار (ھەربىر توپ دەرىجىسى بويىچە) تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى④ [17]. ئۇلار (شامدىكى بىر چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! (دەرھال) ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلەيمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يانچىۋەتمىسۇن»⑤ [18].***

① ئۇنىڭغا بارلىق جانلىقلارنىڭ تىللىرى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. لېكىن بۇ يەردە پەقەت قۇشلارنىڭ تىلىغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەب قۇشلار دائىم سايە بولۇپ بىرگە تۇرغانلىقىدىن ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇنىڭغا پەقەت قۇشلارنىڭ تىلى بىلدۈرۈلگەن، چۈمۈلىلەرمۇ قۇشلارنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ، دېدى. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بېرىلدى. مەسىلەن: پەيغەمبەرلىك، ئىلىم، ھېكمەت، مال-مۈلۈك يەنە ئىنسانلار، جىنلار، قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ بويسۇندۇرۇپ بېرىلىشى قاتارلىقلار.

③ بۇ ئايەتتە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىي خاراكتېرى ۋە ئارتۇقچىلىقى بايان قىلىندى. ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئالاھىدە پادىشاھلىق بېرىلدى. ئۇنىڭغا پەقەت ئىنسانلارلا ئەمەس، بەلكى جىنلار، ھايۋانلار، ئۇچار-قۇشلار ھەتتا شامالمۇ بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى جىنلار، ئىنسانلار،

قۇشلار ۋە ھايۋانلاردىن تەركىپ تاپقان زور قوشۇن ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر يەرگە بىرىش ئۈچۈن بارلىق لەشكەرلىرىنى توپلىغانلىقى بايان قىلىنىدى.

④ ﴿يُوزَعُونَ﴾ دېگەن پېئىل «تَوْزِيْعٌ» تەقسىم قىلماق، بۆلمەك دېگەن سۆز تومۇرىدىن تۈرلىنىپ چىققان دەپ ئالغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: لەشكەرلەر گۇرۇپپىلارغا تەقسىم قىلىنىپ، ھەربىر گۇرۇپ تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، دېگەن بولىدۇ. يەنى ئۇ لەشكەرلىرىنى تۈرى بويىچە ئايرىم توپ ۋە گۇرۇپپىلارغا تەقسىم قىلاتتى. مەسىلەن: ئىنسانلار توپى، جىنلار توپى، قۇشلار توپى، ھايۋاناتلار توپى دېگەندەك. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇلار توختاپ-توختاپ ماڭاتتى يەنى لەشكەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن، تارىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، يولدا توختاپ-توختاپ، يىتىشتۈرۈپ، رەتكە سېلىپ ماڭاتتى. ﴿يُوزَعُونَ﴾ دېگەن پېئىلنى «وَزَعَ يَزَعُ »دىن تۈرلىنىپ چىققان دەپ ئالغاندا، توختاتماق، توسماق دېگەن مەندە كېلىدۇ. بۇ سۆز بىلەن تۆۋەندە 19-ئايەتتە كېلىدىغان ﴿أَوْزِعْنِيْ﴾ دېگەن سۆزنىڭ تومۇرى بىر بولۇپ، جۈملىدىكى مەنىسى «مېنى ساڭا شۈكۈر قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن توختىتىۋالغىن ۋە ساقلىغىن» دېگەن بولىدۇ. ئەمما بۇ جۈملە «مۇۋەپپەق قىلغىن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. (فەتھۇلقەدىر، ئەيسەر تەپاسىر، تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ بۇنىڭدىن مۇنداق بىر قانچە ئۇقۇم ئايان بولىدۇ. بىرىنچى: ھايۋاناتلاردىمۇ بىر خىل ھېس-تۇيغۇ بولىدۇ، ئەمما ئىنسانلاردىكى ھېس-تۇيغۇدىن پەرقلىق ھەم تۆۋەن دەرىجىدە بولىدۇ. ئىككىنچى: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام شۇ قەدەر كاتتا پادىشاھ ۋە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، غەيبنى بىلمەيتتى. شۇڭا چۈمۈلىلەرمۇ بۇنى بىلگەنلىكتىن، ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان خەتەرنى ھېس قىلغاندا، ﴿ئۇقماستىن سىلەرنى يانجىۋەتمىسۇن﴾، دېدى. ئۈچىنچى: ھايۋانلارمۇ «غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ» دېگەن توغرا ئەقىدىنى بىلەتتى. تۆۋەندە ھۆپۈپ ۋەقەسىدە بۇ نۇقتا تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. تۆتىنچى: سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قۇشلارنىڭ تىلىدىن باشقا بارلىق ھايۋاناتلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى. بۇ ئىلىممۇ، خۇددى جىنلار ۋە باشقا مەخلۇقلارنىڭ بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەنلىكى مۆجىزە بولغاندەك، بىر مۆجىزىلىك ئىلىم ئىدى.

فَتَبَسَّمَ ضَاحِكًا مِّن قَوْلِهَا وَقَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِيٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ

ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتَ عَلَيَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَيَّ وَأَنۡ أَعۡمَلَ صَٰلِحٗا تَرۡضَىٰهُ وَأَدۡخِلۡنِي بِرَحۡمَتِكَ فِي عِبَادِكَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٩﴾ وَتَفَقَّدَ ٱلطَّيۡرَ فَقَالَ مَا لِيَ لَآ أَرَى ٱلۡهُدۡهُدَ أَمۡ كَانَ مِنَ ٱلۡغَآئِبِينَ ﴿٢٠﴾ لَأُعَذِّبَنَّهُۥ عَذَابٗا شَدِيدًا أَوۡ لَأَاْذۡبَحَنَّهُۥٓ أَوۡ لَيَأۡتِيَنِّي بِسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٖ ﴿٢١﴾ فَمَكَثَ غَيۡرَ بَعِيدٖ فَقَالَ أَحَطتُ بِمَا لَمۡ تُحِطۡ بِهِۦ

***سۇلەيمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «ئى رەببىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن①، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن»② [19]. ئۇ قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيۋاتىمەنغۇ! يا ئۇ كەلمىگەنلەرنىڭ قاتارىدىنمۇ؟③ [20]. ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلىۋېتىمەن ياكى ئۇ چوقۇم (ئۆزرىسىنى كۆرسىتىپ) ماڭا بىرەر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ» [21]. ئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ (كەلدى ۋە) ئېيتتى: «مەن سەن ئىگىلىمىگەن بىر مەلۇماتنى ئىگىلىدىم④،***

① چۈمۈلىدەك شۇنداق كىچىك مەخلۇقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە بىر خىل شۈكۈر ۋە مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ كۆڭلىدە ئاللاھ تائالا ماڭا نەقەدەر بۈيۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ھە! دەپ سۆيۈندى.

② بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، جەننەت پەقەت مۆئمىنلەرنىڭ ماكانىدۇر. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىسىز كىرەلمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «توغرا ئەمەل قىلىڭلار! ھەقتىن يىراقلاشماڭلار! بىلىڭلاركى، سىلەردىن ھېچبىرىڭلارنى پەقەت ياخشى ئەمەللا جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ»، ساھابىلەر: «سەنمۇ شۇنداقمۇ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى؟ دېگەندە، «ھەئە، مەنمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولمىسا، پەقەت ياخشى ئەمەلىمگە تايىنىپلا جەننەتكە كىرەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 6463ـھەدىس،

سەھىھ مۇسلىم 2816-ھەدىس)

③ يەنى بار بولسىمۇ، مەن كۆرمەيۋاتامدىمەن، ياكى ئۇ بۇ يەردە يوقمۇ؟

④ «إِحَاطَةٌ» دېگەن بىر نەرسە ھەققىدە مۇكەممەل مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ۋە ئۇنى ئوبدان تونۇش دېمەكتۇر. بۇ يەردە «مەلۇمات ئىگىلىمەك» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

وَجِئْتُكَ مِن سَبَإٍ بِنَبَإٍ يَقِينٍ ﴿٢٢﴾ إِنِّي وَجَدتُّ ٱمْرَأَةً تَمْلِكُهُمْ وَأُوتِيَتْ مِن كُلِّ شَيْءٍ وَلَهَا عَرْشٌ عَظِيمٌ ﴿٢٣﴾ وَجَدتُّهَا وَقَوْمَهَا يَسْجُدُونَ لِلشَّمْسِ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَعْمَٰلَهُمْ فَصَدَّهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ فَهُمْ لَا يَهْتَدُونَ ﴿٢٤﴾ أَلَّا يَسْجُدُواْ لِلَّهِ ٱلَّذِي يُخْرِجُ ٱلْخَبْءَ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ

*ساڭا مەن سەبەئدىن① (يەنى يەمەندىكى سەبەئ شەھرىدىن) ئىشەنچلىك بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم [22]. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبەئ ئاھالىسىگە) پادىشاھلىق قىلىۋاتقان بىر ئايالنى (يەنى بىلقىسنى) ئۇچراتتىم②. ئۇنىڭغا (سەلتەنەتكە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ چوڭ تەختكە ئىگە ئىكەن③ [23]. ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئاللاھنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. (ئېنىقكى) شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى ئاللاھنى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنۇشنى) چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن توسۇپتۇ④، شۇڭا ئۇلار ھىدايەت تاپالمايدۇ [24]. (شەيتان) ئۇلارنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلەرنى ئاشكارىلىغۇچى⑤،*

① ﴿سَبَإٍ﴾ ئىلگىرى بىر شەخسنىڭ نامى بولۇپ، كېيىن بىر قەۋمنىڭ نامى ھەم ئۇلار ئولتۇراقلاشقان شەھەرنىڭ نامى بولۇپ قالغان. بۇ يەردە شەھەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ شەھەر يەمەننىڭ سەنئا شەھرىدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا جايلاشقان. سەبەئنىڭ پايتەختى بولغان مەئرەب «مەئرەبى يەمەن» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى ھۆپۈپ ئۇچۇنمۇ سەبەئ شەھرىگە بىر ئايالنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى. لېكىن ھازىرقى دەۋردە «ئاياللارمۇ ھەر ئىشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر» دەيدىغانلار پەيدا بولدى. ئۇلار: ئەر كىشى پادىشاھ بولسا، بولىدىكەن، ئايال كىشى پادىشاھ بولسا، نېمىشقا بولمايدىكەن؟ دەيدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىسلام ئەھكاملىرىغا خىلاپتۇر. بەزى كىشىلەر سەبەئنىڭ ئايال پادىشاھى (بىلقىس) نىڭ بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى دەلىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئايال كىشى ھاكىم بولسا جايىز، دەيدۇ، ۋەھالەنكى قۇرئان كەرىم ئۇنى بىر ۋەقە سۈپىتىدە تىلغا ئالدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ جايىز ياكى جايىز ئەمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق دەلىل چىقمايدۇ. ئەمما ئايال كىشىنىڭ ھاكىم بولۇشىنىڭ جايىز ئەمەسلىكىگە دائىر قۇرئان ۋە ھەدىستە ئوچۇق دەلىللەر مەۋجۇت.

③ ﴿عَرْشٌ﴾ دېگەن تەختنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەختنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەكسەن گەز، كەڭلىكى قىرىق گەز، ئېگىزلىكى قىرىق گەز بولۇپ، چوڭ قىزىل ياقۇت ۋە يېشىل زۇمرەتلەر بىلەن نەقىشلەنگەن ئىدى. ۋەللاھۇ ئەئلەم (فەتھۇلقەدىر) بۇ سۆز مۇبالىغىدىن خالىي ئەمەس. ھازىر يەمەندە ساقلىنىپ قالغان بىلقىس سارىيىنىڭ بۇزۇلغان شەكلىگە قارىغاندا ئۇنىڭدا بۇ قەدەر چوڭ تەخت جايلاشقىدەك يەر يوق.

④ ئۇنىڭدىن مۇنداق ئۇقۇم چىقىدۇ: قۇشلارمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلمى غەيبتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. مەسىلەن: ھۆپۈپ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا: مەن سەن بىلمەيدىغان مۇھىم بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم، دېدى. شۇنىڭدەك ھۆپۈپ ئاللاھنىڭ يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ھەيران قالغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئايال پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئاللاھنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىكەن، ئۇلار شەيتانغا ئەگىشىپ كېتىپتۇ، شەيتان ئۇلارغا قۇياشقا چوقۇنۇشنى چىرايلىق كۆرسىتىپتۇ.

⑤ يەنى ئاللاھ تائالا ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرغۇچى، زېمىندىكى مەخپىي نەرسىلەرنى يەنى ئۆسۈملۈكلەرنى، ھەر خىل مەدەنلەرنى ۋە باشقا يەر ئاستى بايلىقلارنى زاھىر قىلغۇچى ۋە سىرتقا چىقارغۇچىدۇر. «خَبْءٌ» سۆزىنىڭ تومۇرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەفئۇل ۋەزنى «مَخْبُوءٌ» دەپ كېلىدۇ. مەخپىي قىلىنغان، يوشۇرۇلغان نەرسە دېگەن مەنىدە.

وَيَعۡلَمُ مَا تُخۡفُونَ وَمَا تُعۡلِنُونَ ﴿٢٥﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ ٱلۡعَرۡشِ
ٱلۡعَظِيمِ۩ ﴿٢٦﴾ ۞ قَالَ سَنَنظُرُ أَصَدَقۡتَ أَمۡ كُنتَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٢٧﴾
ٱذۡهَب بِّكِتَٰبِي هَٰذَا فَأَلۡقِهۡ إِلَيۡهِمۡ ثُمَّ تَوَلَّ عَنۡهُمۡ فَٱنظُرۡ مَاذَا
يَرۡجِعُونَ ﴿٢٨﴾ قَالَتۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَؤُاْ إِنِّيٓ أُلۡقِيَ إِلَيَّ كِتَٰبٞ كَرِيمٌ ﴿٢٩﴾
إِنَّهُۥ مِن سُلَيۡمَٰنَ وَإِنَّهُۥ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٣٠﴾ أَلَّا تَعۡلُواْ عَلَيَّ
وَأۡتُونِي مُسۡلِمِينَ ﴿٣١﴾

***سىلەرنىڭ يوشۇرىدىغان ۋە ئاشكارا قىلىدىغان (بارلىق) ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھقا سەجدە قىلمىسۇن (دەپ شۇنداق ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ)① [25]. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىدۇر②» [26]. سۇلەيمان ئېيتتى: «سەن راست دەۋاتامسەن، ياكى يالغانچىلاردىنمۇسەن؟ قاراپ باقىمىز [27]. بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا) تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ (ئۆز ئارىسىدا) نېمە دېيىشىدىغانلىقىغا قارىغىن»③ [28]. (سۇلەيماننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بىلقىس) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلەيماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. (ئۇنىڭدا) ‹ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن) [29 ـ 30]. سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار› (دەپ يېزىلىپتۇ)»④ [31].***

① ﴿أَلَّا يَسۡجُدُوٓاْ﴾ دېگەن پېئىل ﴿زَيَّنَ﴾ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى شەيتان ئۇلارغا ئاللاھقا سەجدە قىلماسلىقنىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىپتۇ، دېگەن بولىدۇ. ياكى بۇ ئايەتتە ﴿لَا يَهۡتَدُونَ﴾ بىر ئامىل بولۇپ، ئۇنىڭدىكى "لا" ئارتۇق كەلگەن، يەنى سەجدە قىلىش پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولىدىغانلىقىنى ئۇلار چۈشەنمەپتۇ، دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى ۋە رەببىدۇر. لېكىن بۇ يەردە ﴿ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىدۇر﴾ دەپ ئايرىم كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچىدىن: ئاللاھ تائالانىڭ

ئەرشى كائىناتتىكى ئەڭ بۈيۈك ۋە كاتتا نەرسىدۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. ئىككىنچىدىن: شۇنى ئۇچۇقلاشتۇرۇش ئۇچۇنكى، ئايال پادىشاھنىڭ تەختىمۇ ناھايىتى چوڭ، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئەرشىگە نىسبەتەن ھېچنەرسە ئەمەس. ھۆپۈپ سۆزىدە تەۋھىدكە چاقىرىپ، شېرىكنى رەت قىلدى يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى بايان قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ھۆپۈپ ھەدىستە ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەن تۆت خىل جانلىق قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ ۋە ئۆمۈچۈك قۇشتىن ئىبارەت تۆت خىل جانىۋارنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى». (مۇسنەدى ئەھمەد 1-توم، 332-بەت، سۇنەنى ئەبى داۋۇد 5267-ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە 3223-ھەدىس) ئۆمۈچۈك قۇش (ھەيران قۇش بولۇشى مۇمكىن) بېشى چوڭ، دۈمبىسى يېشىل، قورسىقى ئاق قۇش بولۇپ، كىچىك قۇشلارنى ئوۋلايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ يەنى ئۇلاردىن يىراقراق تۇرۇپ، يوشۇرۇنچە كۆزەتكىن ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئىپادە بىلدۈرىدىغانلىقىغا قارىغىن.

④ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامىمۇ پادىشاھلارغا خەت ئەۋەتتى. خەتتە ئۇلارنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. شۇنىڭدەك سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامىمۇ بىلقىسنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىپ خەت ئەۋەتتى.

قَالَتۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَؤُاْ أَفۡتُونِي فِيٓ أَمۡرِي مَا كُنتُ قَاطِعَةً أَمۡرًا حَتَّىٰ
تَشۡهَدُونِ ﴿٣٢﴾ قَالُواْ نَحۡنُ أُوْلُواْ قُوَّةٖ وَأُوْلُواْ بَأۡسٖ شَدِيدٖ وَٱلۡأَمۡرُ
إِلَيۡكِ فَٱنظُرِي مَاذَا تَأۡمُرِينَ ﴿٣٣﴾ قَالَتۡ إِنَّ ٱلۡمُلُوكَ إِذَا دَخَلُواْ
قَرۡيَةً أَفۡسَدُوهَا وَجَعَلُوٓاْ أَعِزَّةَ أَهۡلِهَآ أَذِلَّةٗۚ وَكَذَٰلِكَ يَفۡعَلُونَ ﴿٣٤﴾
وَإِنِّي مُرۡسِلَةٌ إِلَيۡهِم بِهَدِيَّةٖ فَنَاظِرَةُۢ بِمَ يَرۡجِعُ ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿٣٥﴾ فَلَمَّا
جَآءَ سُلَيۡمَٰنَ قَالَ أَتُمِدُّونَنِ بِمَالٖ

***(بىلقىس) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىم توغرىسىدا ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، مەن سىلەرنى قاتناشتۇرماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىشنى بېكىتكىنىم يوق» [32]. ئۇلار ئېيتتى: «بىز***

***كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز①. قانداق قىلىش يەنىلا سىنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر، بىزنى نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆرگىن»② [33]. (بىلقىس) ئېيتتى: «شۇ ئېنىقكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە (ھۇجۇم قىلىپ) كىرسە③، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى خار قىلىدۇ④، (بەلكىم) ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ⑤ [34]. مەن ئۇلارغا سوۋغات ئەۋەتىمەن، ئاندىن ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارايمەن»⑥ [35]. ئەلچى سۇلەيماننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇلەيمان ئېيتتى: «سىلەر ماڭا پۇل - مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟⑦***

① يەنى بىزدە قورال-ياراق ۋە باشقا ئەسلىھەلەر يېتەرلىك بار. كۈچىمىز ۋە جەڭگىۋارلەشكەرلىرىمىزمۇ بار. شۇڭا قورقۇش ۋە بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

② چۈنكى، بىز ساڭا بويسۇنغۇچىلارمىز، سەن بىزنى نېمىگە بۇيرۇساڭ، شۇنى بەجا كەلتۈرىمىز.

③ يەنى قورال ۋە ئەسكەر كۈچى بىلەن باستۇرۇپ كىرسە، شەھەر ئەھلىنى خار قىلىدۇ.

④ يەنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىش بىلەن خار قىلىدۇ.

⑤ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئىبارە ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، سەبەئ پادىشاھىنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ بىلقىسنىڭ سۆزى ۋە ئۇنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. جۈملىنىڭ سىياقىدىن بۇ سۆزنىڭ ئۇنىڭغا تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

⑥ سوۋغات ئارقىلىق سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مال-دۇنياغا ئامراق پادىشاھ ياكى دىنىنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر سوۋغاتنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ مەقسىتى ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۈرۈش بولغان بولىدۇ، ئۇ چاغدا بىزگە ئۇنىڭغا بويسۇنماي چارە يوق.

⑦ يەنى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ تائالا ماڭا ھەممە نەرسىنى

ئاتا قىلدى. سىلەر بۇ سوۋغىتىڭلار بىلەن مېنىڭ مال-مۈلۈكۈمنى قانچىلىك زىيادە قىلارسىلەر؟ بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار تەرىقىسىدە كەلگەن، يەنى ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايسىلەر.

فَمَآ ءَاتَىٰنِۦَ ٱللَّهُ خَيۡرٌ مِّمَّآ ءَاتَىٰكُمۚ بَلۡ أَنتُم بِهَدِيَّتِكُمۡ
تَفۡرَحُونَ ﴿٣٦﴾ ٱرۡجِعۡ إِلَيۡهِمۡ فَلَنَأۡتِيَنَّهُم بِجُنُودٖ لَّا قِبَلَ لَهُم بِهَا
وَلَنُخۡرِجَنَّهُم مِّنۡهَآ أَذِلَّةٗ وَهُمۡ صَٰغِرُونَ ﴿٣٧﴾ قَالَ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَؤُاْ
أَيُّكُمۡ يَأۡتِينِي بِعَرۡشِهَا قَبۡلَ أَن يَأۡتُونِي مُسۡلِمِينَ ﴿٣٨﴾ قَالَ عِفۡرِيتٞ
مِّنَ ٱلۡجِنِّ أَنَا۠ ءَاتِيكَ بِهِۦ قَبۡلَ أَن تَقُومَ مِن مَّقَامِكَۖ

***ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بېرىدىغانلىرىڭلاردىن ياخشىراقتۇر، بەلكىم سىلەر سوۋغىتىڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر① [36]. (ئى ئەلچى!) سەن (سوۋغىتىڭنى ئېلىپ) ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكىن②. بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم (باستۇرۇپ) بارىمىز، ئۇلارنى چوقۇم يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چىقىرىۋېتىمىز»③ [37]. (ئاندىن سۇلەيمان) ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، قايسىڭلار ئۇنىڭ تەختىنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىسىلەر؟»④ [38]. جىنلاردىن ئەڭ كۈچلۈك بىرى ئېيتتى: «سەن مەجلىسىڭدىن⑤ تۇرۇشتىن بۇرۇن مەن ئۇنى ھۇزۇرۇڭغا ئەكېلىپ بولىمەن.***

① ئۇ بۇ سۆزنى بىر ئاز كايىش تەرىقىسىدە دېدى. يەنى سىلەر بۇ سوغاڭلار بىلەن مەغرۇرلىنىپ، خۇشال بولۇپ كېتىسىلەر، ئەمما مەن ئۇنىڭغا خۇشال بولۇپ كەتمەيمەن. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن: مېنىڭ مەقسىتىم مال-دۇنيا ئەمەس. ئىككىنچىدىن: ئاللاھ تائالا ماڭا دۇنيادا ھېچكىمگە بىرىلمىگەن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى. ئۈچىنچىدىن: ئاللاھ تائالا مېنى پەيغەمبەر قىلدى.

② سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بۇ جۈملىدە ئىككىنچى شەخسكە

قارىتىلغان پېئىلنىڭ بىرلىك شەكلىنى ئىشلەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى جۈملىدە كۆپلۈك شەكلىنى ئىشلەتكەن ئىدى. چۈنكى خىتاب بەزىدە بىر جامائەگە قارىتىلسا، بەزىدە ئۇلارنىڭ باشلىقىغا قارىتىلىدۇ.

③ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام پەقەت پادىشاھلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭدىن كىشىلەرنى خارلايدىغان ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئۇرۇش بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە قان تۆكۈش ۋە ئەسىر ئېلىش بولماي قالمايدۇ. بۇ يەردىكى «يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چىقىرىۋېتىش» مۇ دەل ئاشۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. بولمىسا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سەۋەبسىزلا كىشىلەرنى خارلىمايدۇ ھەم كەمسىتمەيدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ بارغان بارلىق غازاتلىرىدا ئەسىرلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى پۈتۈن دۇنياغا يارقىن ئۈلگە بولۇپ كەلگەن.

④ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان ئايال پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ھەمدە دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بويسۇنغانلىقىنى ئىزھار قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلۈپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارغا چوڭ بىر مۆجىزە كۆرسىتىپ قويۇشنى پىلانلىدى. ھەمدە ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن ئايال پادىشاھنىڭ تەختىنى ئەكەلدۈرمەكچى بولدى.

⑤ بۇ يەردىكى مەجلىستىن ئادەتتە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئەتىگەندىن باشلاپ كۈن قايرىلغىچە ئولتۇرىدىغان مەجلىسى يەنى ئۇنىڭ قوبۇلخانىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

وَإِنِّى عَلَيْهِ لَقَوِىٌّ أَمِينٌ ﴿٣٩﴾ قَالَ ٱلَّذِى عِندَهُۥ عِلْمٌ مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ
أَنَا۠ ءَاتِيكَ بِهِۦ قَبْلَ أَن يَرْتَدَّ إِلَيْكَ طَرْفُكَ ۚ فَلَمَّا رَءَاهُ مُسْتَقِرًّا
عِندَهُۥ قَالَ هَٰذَا مِن فَضْلِ رَبِّى لِيَبْلُوَنِىٓ ءَأَشْكُرُ أَمْ أَكْفُرُ ۖ وَمَن
شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّى غَنِىٌّ كَرِيمٌ ﴿٤٠﴾

قَالَ نَكِّرُواْ لَهَا عَرْشَهَا نَنظُرْ

*شەكسىزكى، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن»① [39]. (ساماۋى) كىتابتىن مەلۇماتى بار بىر كىشى② (يەنى ئاسەف ئىبنى بۇرخىيا): «مەن ئۇنى سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ھۇزۇرۇڭغا ئەكېلىپ بولىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋېدى، تەخت دەرھال ئالدىدا ھازىر بولدى). سۇلەيمان تەختنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ رەببىمنىڭ مېنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ دەپ سىناش ئۈچۈن ماڭا قىلغان پەزلىدۇر. كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ھەقىقەتەن رەببىم (ھەممىدىن) بىھاجەت، پەزلى ـ كەرىمى كەڭ زاتتۇر» دېدى [40]. سۇلەيمان (بىلقىسنىڭ ئەقلىنى سىناش ئۈچۈن، ئادەملىرىگە) ئېيتتى: «ئۇنىڭ تەختىنى ئۆزگەرتىۋېتىڭلار③،*

① يەنى مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلەلەيمەن، ئۇنىڭ ھېچبىر قىسمىنى بۇزماي، سۇندۇرماي ئېلىپ كېلىمەن.

② بۇ «كىشى» كىم ئىدى؟ بۇ «كىتاب» قايسى كىتاب ئىدى؟ ئۇ كىشى بىلىدىغان ئىلىم زادى قانداق ئىلىم ئىدى؟ بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئۈچ سوئالنىڭ ھەقىقىي جاۋابىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. بۇ يەردە ئايەتنىڭ لەۋزىدىن مەلۇم بولىدىغان ئۇقۇم شۇكى، ئۇ كىشى بىر ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭدا ئىلاھىي كىتابتىن ھاسىل قىلغان ئىلىم بار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۆجىزە ۋە كارامەت سۈپىتىدە شۇنداق قۇدرەت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئايال پادىشاھنىڭ تەختىنى ئېلىپ كەلدى. مۆجىزە ۋە كارامەت دېگەن زاھىرىي سەۋەب ۋە ئادەتتىكى ئۇسۇل ـ ۋاستىلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدىغان، پەقەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدىغان پەۋقۇلئاددە بىر ئىشتۇر. شۇڭا بۇ ئىشتا بىر شەخسنىڭ قۇدرىتىگە ئۇ قەدەر ھەيران قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، نە مەزكۇر ئىلىمنىڭ قايسى تۈردىكى ئىلىم ئىكەنلىكىنى ئىزدەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، بۇ ئىش قارىماققا يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان كىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ھەر

ئىشنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ۋۇجۇتقا چىقىرالايدىغان ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋۇجۇتقا چىققان ئىدى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى ئوبدان چۈشىنەتتى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ تەختنى كۆز ئالدىدا كۆرگەن ھامان «بۇ رەببىمنىڭ پەزلىدۇر» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتى.

③ يەنى ئۇنىڭ رەڭگىنى ياكى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قويۇڭلار.

أَتَهْتَدِيٓ أَمْ تَكُونُ مِنَ ٱلَّذِينَ لَا يَهْتَدُونَ ﴿٤١﴾ فَلَمَّا جَآءَتْ قِيلَ
أَهَٰكَذَا عَرْشُكِۖ قَالَتْ كَأَنَّهُۥ هُوَۚ وَأُوتِينَا ٱلْعِلْمَ مِن قَبْلِهَا وَكُنَّا
مُسْلِمِينَ ﴿٤٢﴾ وَصَدَّهَا مَا كَانَت تَّعْبُدُ مِن دُونِ ٱللَّهِۖ إِنَّهَا كَانَتْ
مِن قَوْمٍ كَٰفِرِينَ ﴿٤٣﴾ قِيلَ لَهَا ٱدْخُلِى ٱلصَّرْحَۖ فَلَمَّا رَأَتْهُ حَسِبَتْهُ
لُجَّةً وَكَشَفَتْ عَن سَاقَيْهَاۚ قَالَ إِنَّهُۥ صَرْحٌ مُّمَرَّدٌ مِّن قَوَارِيرَۗ
قَالَتْ رَبِّ إِنِّى ظَلَمْتُ نَفْسِى

*ئۇنى تونۇيالامدۇ ياكى تونۇيالمايدىغانلاردىن بولامدۇ، قاراپ باقايلى»① [41]. بىلقىس كەلگەندە (ئۇنىڭغا): «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمىدى؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى②. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىزگە (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان) ئىلىم بېرىلدى، بىز مۇسۇلمان بولغان ئىدۇق③ [42]. ئۇنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇنى (بۇگۈنگىچە ھەق دىندىن) توسۇپ قويغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ كاپىر قەۋمدىن ئىدى④ [43]. ئۇنىڭغا (يەنى بىلقىسقا): «قەسىرگە كىرىڭ!» دېيىلدى، ئۇ (يەنى بىلقىس) قەسىرنى كۆرگەندە ئۇنى چوڭقۇر سۇ دەپ ئويلاپ (ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ) ئىككى پاچىقىنى ئاچتى، (سۇلەيمان ئۇنىڭغا): «بۇ ھەقىقەتەن ئەينەكتىن ياسالغان قەسىردۇر» دېدى⑤. (بىلقىس) ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن (سېنى تونۇماي) ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىپتىكەنمەن،*

① بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرىنچىسى: ئۇ ئۆز تەختىنىڭ ئەكەلدۈرۈلگەنلىكىنى بىلەلەمدۇ ياكى بىلەلمەمدۇ؟ ئىككىنچىسى: ئۇ ھىدايەت يولىغا كىرەمدۇ، يوق؟ يەنى ئۇ شۇ قەدەر

بۇيۇك مۆجىزىنى كۆرۈپ، ھىدايەت يولىغا كىرەمدۇ ياكى ئازغۇنلۇقىدا تۇرۇۋېرەمدۇ؟ بۇنىڭغا قارايمىز.

② تەختنىڭ شەكلى ۋە جايلىشىشى ئازراق ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوچۇق ئىبارە بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەختى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپمۇ قىلمىدى. ئازراق ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى تونۇيالايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەختى ئىكەنلىكىنى ئىنكارمۇ قىلمىدى. شۇڭا ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى. بۇ جاۋابتا نە ئېتىراپ، نە ئىنكار يوق بولۇپ، مۇسبەت ۋە مەنپىيگە ئېھتىمال قالدۇرۇپ بېرىلگەن دانا جاۋاب ئىدى.

③ يەنى بىز بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن سېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن ۋە ساڭا بويسۇنغان ئىدۇق، دېگەن بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئىبنى كەسىر ۋە شەۋكانى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى دەپ قاراپ، «بىز بۇرۇنلا سەبەئ مەملىكىتى پادىشاھىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ، ھۇزۇرىمىزغا كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدۇق» دەپ تەپسىر قىلغان.

④ بۇ جۈملە ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئۇنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى توسۇپ قويغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ كېلىپ-چىقىشى كاپىر قەۋمدىن بولغانلىقىدىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەرسىز قالغان ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزنى ئاللاھقا، بەزىلەر سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىپ تەپسىر قىلدى. يەنى ئاللاھ ياكى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشتىن توستى، دېگەن بولىدۇ، دېدى. لېكىن ئالدىنقى ئۇقۇم ئەڭ توغرىدۇر. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ بۇ قەسىر ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھويلىسىنىڭ سەيناسىمۇ ئەينەكتىن ئىدى. ﴿لُجَّةً﴾ كۆپ سۇ ياكى كۆل دېمەكتۇر. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىلقىسقا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىناكارلىق ۋە سانائەت جەھەتتىكى شان-شەۋكىتىنىمۇ كۆرسىتىپ قويماقچى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بىر پادىشاھ قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئايال

پادىشاھنى قەسىرگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ كىرمەكچى بولۇپ، كىيىمىنى كۆتۈرۈپ پاچىقىنى ئاچتى. ماڭىدىغان يەرنىڭ ئاستى سۇ، ئۈستى ئەينەك بولغاچقا، ئۇنى سۇ دەپ ئويلاپ، كىيىمى ھۆل بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆتۈرىۋالدى.

وَأَسْلَمْتُ مَعَ سُلَيْمَٰنَ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٤٤﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَآ إِلَىٰ ثَمُودَ
أَخَاهُمْ صَٰلِحًا أَنِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ فَإِذَا هُمْ فَرِيقَانِ يَخْتَصِمُونَ ﴿٤٥﴾
قَالَ يَٰقَوْمِ لِمَ تَسْتَعْجِلُونَ بِٱلسَّيِّئَةِ قَبْلَ ٱلْحَسَنَةِ ۖ لَوْلَا تَسْتَغْفِرُونَ
ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٤٦﴾ قَالُوا۟ ٱطَّيَّرْنَا بِكَ وَبِمَن مَّعَكَ ۚ قَالَ
طَٰٓئِرُكُمْ عِندَ ٱللَّهِ ۖ

***ئەمدى سۇلەيمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا بويسۇندۇم (يەنى سۇلەيماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)»① [44]. بىز ھەقىقەتەن سەمۇد قەۋمىگە (نەسەب جەھەتتىكى) قېرىندىشى سالىھنى «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار» (دەپ دەۋەت قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ئىدۇق، (ئۇ دەۋەت قىلىۋىدى)، شۇ ھامان ئۇلار ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ جېدەللىشىپ كەتتى② [45]. سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر نېمىشقا رەھمەتتىن بۇرۇن ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلەيسىلەر؟③ سىلەر رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىمەيسىلەر؟» [46]. ئۇلار ئېيتتى: «(بېشىمىزغا كەلگەن خاپىلىق) سېنىڭ ۋە سەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى»④. سالىھ ئېيتتى: «بېشىڭلارغا كېلىدىغىنى (يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق) ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ⑤،***

① يەنى ئۇنىڭ سۇ ئەمەس، بەلكى ئەينەك ئىكەنلىكى ئايان بولغاندىن كېيىن، بىلقىس ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سۈزۈك پارقىراق تاش ئەرەبچىدە ﴿مُمَرَّدٌ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. تېخى ساقال-بۇرۇتى چىقمىغان چىرايلىق ئوغۇلمۇ "أَمْرَدُ" دېيىلىدۇ. يوپۇرماقلىرى چىقمىغان دەرەخمۇ «شَجَرَةٌ مَرْدَاءُ» دېيىلىدۇ.

(فەتھۇلقەدىر) لېكىن ﴿مُمَرَّدٌ﴾ بۇ يەردە پارقىراپ تۇرغان دېگەن مەنىدە كەلگەن يەنى ئەينەكتىن ياسالغان ياكى ئەينەك بىلەن بېزەلگەن قەسىر.

ئەسكەرتىش: سەبەئىنىڭ ئايال پادىشاھى بىلقىس مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن نېمە ئىش بولدى؟ بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ياكى سەھىھ ھەدىسلەردە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. تەپسىرلەردىكى رىۋايەتلەردە سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئەمرىگە ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن قۇرئان ۋە ھەدىس بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەنلىكى ئۈچۈن سۈكۈت قىلغان ئەۋزەلدۇر. توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلگۈچىدۇر.

② بۇ ئىككى پىرقە مۇئمىنلەر ۋە كاپىرلاردىن ئىبارەت ئىككى پىرقىنى كۆرسىتىدۇ. «جېدەللىشىپ كەتتى» يەنى ھەربىر پىرقە ئۆزىنى ھەقنىڭ ئۈستىدە دەپ دەۋا قىلدى، دېمەكتۇر.

③ يەنى ئىماننى قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا، نېمە ئۈچۈن كۇفرىدا چىڭ تۇرىسىلەر؟ بۇ كۇفرى سىلەرنى ئازابقا ئېلىپ بارىدۇ ئەمەسمۇ؟ سەمۇد قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ تەرسالىقى ۋە جاھىللىقىدىن: بىزگە ئازاب كەلتۈرگىن، دېگەن تەلەپنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن سالىھ ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلدى.

④ ﴿اطَّيَّرْنَا﴾ ئەسلىدە «تَطَيَّرْنَا»، بۇ پېئىلنىڭ تومۇرى «طَيْرٌ» بولۇپ، (ئۇچۇش) دېگەن مەنىدە. ئەرەبلەر بىر ئىش قىلماقچى ياكى سەپەرگە چىقماقچى بولسا، بىر قۇشنى ئۇچۇرۇپ پال سالاتتى، ئەگەر قۇش ئوڭ تەرەپكە ئۇچسا، بۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ دەپ قاراپ، ئۇ ئىشنى قىلاتتى ياكى سەپەرگە چىقاتتى. ئەگەر سول تەرەپكە ئۇچسا، ئۇنىڭدىن شۇم پال ئالاتتى-دە، ئۇ ئىشنى قىلمايتتى ياكى سەپەرگە چىقمايتتى. (فەتھۇلقەدىر) ئىسلامدا بۇ خىل شۇم پال ئېلىش، ساختا بېشارەت، پال سېلىش، پال باقتۇرۇش جايىز ئەمەس. ئەمما ئىشلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەپ، كەلگۈسىگە ئىجابىي قاراشتا بولۇش جايىزدۇر.

⑤ يەنى سىلەرگە كەلگەن قەھەتچىلىككە سىلەر ئويلىغاندەك مۇئمىنلەر سەۋەب بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. چۈنكى قازا ۋە قەدەر، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇنىڭ ئىختىيارى بىلەن بولىدۇ. دېمەك بۇ پالاكەت (قەھەتچىلىك ۋە باشقا كۈلپەتلەر) سىلەرگە ئاللاھ تەرەپتىن كەلدى، ئۇنىڭ سەۋەبى سىلەرنىڭ كۇفۇرلۇق

قىلغانلىقىڭلاردىندۇر. (فەتھۇلقەدىر)

بَلۡ أَنتُمۡ قَوۡمٞ تُفۡتَنُونَ ﴿٤٧﴾ وَكَانَ فِي ٱلۡمَدِينَةِ تِسۡعَةُ رَهۡطٖ يُفۡسِدُونَ
فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا يُصۡلِحُونَ ﴿٤٨﴾ قَالُواْ تَقَاسَمُواْ بِٱللَّهِ لَنُبَيِّتَنَّهُۥ وَأَهۡلَهُۥ
ثُمَّ لَنَقُولَنَّ لِوَلِيِّهِۦ مَا شَهِدۡنَا مَهۡلِكَ أَهۡلِهِۦ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿٤٩﴾
وَمَكَرُواْ مَكۡرٗا وَمَكَرۡنَا مَكۡرٗا وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٥٠﴾ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ
كَانَ عَٰقِبَةُ مَكۡرِهِمۡ أَنَّا دَمَّرۡنَٰهُمۡ وَقَوۡمَهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٥١﴾

***بەلكى سىلەر سىنىلىۋاتقان بىر قەۋمسىلەر»① [47]. (ھىجر) شەھىرىدە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان توققۇز نەپەر (كاتتىباش) كىشى بار ئىدى [48]. ئۇلار: «ئۆزئارا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشىڭلار، بىز بىر كېچىدە سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتەيلى②، ئاندىن ئۇنىڭ ۋەلىيسىگە (يەنى يېقىن تۇغقانلىرىغا): ‹بىز (سالىھنىڭ) ئائىلىسى ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا ئۇ يەردە يوق ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن راست گەپ قىلىۋاتىمىز› دەيلى» دېيىشتى③ [49]. ئۇلار (سالىھقا قارشى) شۇنداق بىر سۇيىقەست پىلانلىۋىدى④، بىز ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى تۇيدۇرمايلا⑤ بىتچىت قىلىۋەتتۇق⑥ [50]. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىنكى، ھەقىقەتەن بىز ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتۇق⑦ [51].***

① يەنى گۇمراھلىقىڭلاردا قويۇپ بېرىلىش بىلەن سىنىلىۋاتىسىلەر.

② يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى. ئۇلار قەسەم ئىچكەن ۋاقىت، ئۇلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئۈچ كۈندىن كېيىن سىلەرگە ئازاب كېلىدۇ، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ئىدى. ئۇلار: ئازاب كېلىشتىن ئىلگىرى سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتەيلى، دېيىشكەن ئىدى.

③ يەنى بىز، ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا ئۇ يەردە يوق ئىدۇق، ئۇلارنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز، دەيلى.

④ ئۇلار ئۆزئارا قەسەم قىلىشىپ، پىلانلىغان سۈيىقەستى بويىچە كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ پىلاننى ئىجرا قىلماقچى بولغان ئىدى، ئۇلار: بىز ئۈچ كۈن مۇددەت توشۇشتىن ئىلگىرى سالىھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ بولايلى، دېيىشكەن ئىدى.

⑤ ئۇلار ئاللاھنىڭ تەدبىرى (پىلانى)نى تۇيمايلا قالدى.

⑥ يەنى بىز ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلدۇق، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق. ﴿وَمَكَرْنَا مَكْرًا﴾ دېگەن ئىبارە ئۇلارنىڭ ئىبارىسىگە ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

⑦ يەنى بىز مەزكۇر 9نەپەر كاتتىباشىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ قەۋمىنىمۇ پۈتۈنلەي ھالاك قىلدۇق. چۈنكى بۇ قەۋم ھالاكەتنىڭ ئەسلىي سەۋەبى بولغان كۇفرىلىق ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشتا ئۇلار بىلەن بىر سەپتە ئىدى. گەرچە ئۇلار بۇ مەخپىي سۈيىقەستكە قاتناشمىغان بولسىمۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزلەيدىغىنى ۋە ئارزۇ قىلىدىغىنىمۇ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى كۆزدىن يوقىتىش ئىدى. شۇڭا ئۇلارمۇ 9 نەپەر كاتتىباش تەرەپتە سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە قارشى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن پۈتۈن قەۋم ھالاكەتكە لايىق بولدى.

فَتِلْكَ بُيُوتُهُمْ خَاوِيَةً بِمَا ظَلَمُوٓاْ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةً لِّقَوْمٍ
يَعْلَمُونَ ﴿٥٢﴾ وَأَنجَيْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ﴿٥٣﴾ وَلُوطًا إِذْ قَالَ
لِقَوْمِهِۦٓ أَتَأْتُونَ ٱلْفَٰحِشَةَ وَأَنتُمْ تُبْصِرُونَ ﴿٥٤﴾ أَئِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ
ٱلرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ ٱلنِّسَآءِ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ ﴿٥٥﴾ ۞ فَمَا
كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَخْرِجُوٓاْ ءَالَ لُوطٍ مِّن قَرْيَتِكُمْ
إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٥٦﴾ فَأَنجَيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ إِلَّا ٱمْرَأَتَهُۥ قَدَّرْنَٰهَا
مِنَ ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿٥٧﴾

*مانا ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئادەمسىز قالغان ئۆيلىرى! شەكسىزكى، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار [52]. (سالىھ بىلەن) ئىمان ئېيتقان ۋە (ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن) ساقلانغانلارنى قۇتقۇزدۇق [53]. لۇتنىمۇ (ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق)① ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە: «سىلەر قاراپ تۇرۇپ قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر؟② [54]. سىلەر راستىنلا ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلۋىگىلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟③ ھەقىقەت شۇكى، سىلەر ئىنتايىن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېگەن ئىدى④ [55]. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: «لۇتنىڭ تەۋەلىرىنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، چۈنكى ئۇلار پاك كىشىلەردۇر⑤» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى [56]. بىز ئۇنى ۋە ئايالىدىن باشقا تەۋەلىرىنى قۇتقۇزدۇق، تەقدىرىمىز بىلەن ئۇنى (يەنى ئايالىنى) ھالاك بولغۇچىلار قاتارىدىن قىلدۇق⑥ [57].*

① يەنى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئەسلىگىن. ئۇنىڭ قەۋمى ئەمۇرىيە ۋە سەدۇم دېگەن جايلاردا ياشايتتى.

② بۇنىڭ قەبىھ بىر قىلمىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلامسىلەر؟ بۇ يەردىكى ﴿تُبۡصِرُونَ﴾ دېگەن سۆز دىلنىڭ كۆرۈشىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر زاھىرىي كۆرۈشنى بىلدۈرىدۇ دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ ئىشنى قىلامسىلەر، دېگەن بولىدۇ، يەنى سىلەردە بۇزۇقچىلىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، قىلمىشىڭلارنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن، ئاشكارا قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسىلەر.

③ بۇ جۈملە ئۇلارنىڭ خاتا قىلمىشىنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن قايتا تەكرارلانغان. يەنى سىلەر لۇۋاتەتتە (بەچچىۋازلىقتا) ھەددىڭلاردىن ئېشىپ، ئاياللىرىڭلارنى قويۇپ، ئەرلەر بىلەن غەيرى تەبىئىي جىنسىي مۇناسىۋەت قىلامسىلەر؟

④ بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: سىلەر بۇ قىلمىشىڭنىڭ ھاراملىقىنى ياكى بۇ جىنايەتنىڭ جازاسىنى بىلمەيسىلەر. ئەگەر بىلگەن بولساڭلار، ئۇنداق قىلماسلىقىڭلار مۇمكىن ئىدى.

⑤ ئۇلار بۇ سۆزنى تەنە ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتتى.

⑥ «تەقدىرىمىز بىلەن» يەنى ئۇنى ھالاك بولغۇچىلار جۈملىسىدىن بولىدىغانلىقىنى تەقدىر قىلدۇق.

وَأَمۡطَرۡنَا عَلَيۡهِم مَّطَرٗاۖ فَسَآءَ مَطَرُ ٱلۡمُنذَرِينَ ﴿٥٨﴾ قُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ وَسَلَٰمٌ عَلَىٰ عِبَادِهِ ٱلَّذِينَ ٱصۡطَفَىٰٓۗ ءَآللَّهُ خَيۡرٌ أَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٥٩﴾

***بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (تاشتىن) يامغۇر ياغدۇردۇق①. ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!② [58]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! ئامانلىق ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە بولسۇن!»③. ئاللاھ ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىمۇ؟④ [59].***

① ئۇلارغا كەلگەن ئازاب ئىلگىرى تەپسىلىي بايان قىلىندى. ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى ئۆزلىرى بىلەن قوشۇپ، دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلدى. ئاندىن ئۇلارغا ئۈستى-ئۈستىلەپ تاش يامغۇر ياغدۇرۇلدى.

② يەنى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە ئۇلارغا قارشى دەلىل-پاكىت تۇرغۇزۇلغانلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمە دېگەن يامان! ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى يالغانچىغا چىقىرىش ۋە ئىنكار قىلىشتىن باش تارتمىغان ئىدى.

③ كىشىلەرنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە تاللىغان بەندىلىرىگە سالام بولسۇن.

④ بۇ يەردىكى سوئال تەستىقلاش ئۈچۈن كەلگەن يەنى ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ياخشىدۇر، چۈنكى ئۇ ھەممىنى ياراتقۇچى، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى، ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر. شۇڭا، پەقەت ئاللاھ ئۆزىلا ئىبادەتكە لايىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسى نە ياراتقۇچى ئەمەس، نە رىزىق بەرگۈچى ئەمەس، نە ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس تۇرسا، قانداقمۇ ئىبادەتكە لايىق بولسۇن؟ ﴿خَيۡرٌ﴾ دېگەن گەرچە ياخشى دېگەن سۆپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجە شەكلى بولسىمۇ، بۇ يەردە سېلىشتۇرما دەرىجە مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى مۇتلەق ياخشى دېگەن مەنىدە كەلگەن، چۈنكى باتىل مەبۇدلاردا ئەزەلدىن ياخشىلىق يوقتۇر.

أَمَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً
فَأَنۢبَتْنَا بِهِۦ حَدَآئِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ مَّا كَانَ لَكُمْ أَن تُنۢبِتُوا۟ شَجَرَهَآ ۗ
أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ بَلْ هُمْ قَوْمٌ يَعْدِلُونَ ﴿٦٠﴾ أَمَّن جَعَلَ ٱلْأَرْضَ قَرَارًا
وَجَعَلَ خِلَٰلَهَآ أَنْهَٰرًا وَجَعَلَ لَهَا رَوَٰسِىَ وَجَعَلَ بَيْنَ ٱلْبَحْرَيْنِ
حَاجِزًا ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٦١﴾

***(ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ بەرگەن زاتمۇ؟ بىز ئاشۇ سۇ بىلەن دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدىغان گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق①. (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق)②. بەلكى ئۇلار (توغرا يولدىن) بۇرۇلۇپ كېتىدىغان قەۋمدۇر③ [60]. (ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى زېمىننى تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتقان④، (بىرىنىڭ سۈيى تاتلىق، يەنە بىرىنىڭ سۈيى تۇزلۇق) ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توسۇق پەيدا قىلغان زاتمۇ؟⑤ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەيدۇ [61].***

① بۇ ئايەتتىن باشلاپ ئالدىنقى جۈملىنىڭ شەرھى ۋە دەلىللىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇكى، ئەنە شۇ ئاللاھ يارىتىش، رىزىق بېرىش ۋە كائىنات ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىقلاردا يەككە-يېگانىدۇر، بۇ ئىشلاردا ھېچكىم ئۇنىڭغا شېرىك ئەمەس. ئاسمانلارنى شۇ قەدەر ئېگىز ۋە گۈزەل قىلىپ ياراتقان، ئاسمانلاردا نۇرلۇق يۇلتۇزلار، ئاشكارا كۆرۈنگۈچى يۇلتۇزلار تۈپى ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئوربىتىلىرىنى ئايلىنىپ تۇرغۇچى پلانېتلارنى ياراتقان. شۇنىڭدەك زېمىننى ۋە ئۇنىڭدا تاغلار، دەريالار، بۇلاقلار، دېڭىز-ئوكيانلار، زىرائەتلەر، دەل-دەرەخلەر، مېۋە-چېۋىلەر، تۈرى، شەكلى ۋە رەڭگى ھەرخىل

بولغان ئۇچار قۇشلار ۋە ھايۋانلارنى ياراتقان، ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغۇ-بوستانلارنى پەيدا قىلغان كىم؟ ئاللاھ ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ بەرمىگەن بولسا، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن بىر تۈپ دەرەخ ئۆستۈرۈشمۇ كەلمەيتتى. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇشرىكلارمۇ ئېتىراپ قىلغان ھالدا: ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر، دەيدۇ. ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن «ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ﴾. (سۈرە ئەنكەبۇت 63-ئايەت)

② يەنى مەزكۇر مەۋجۇداتلارنى ياراتقان ئاللاھ بىلەن بىللە ئىبادەتكە لايىق يەنە بىر ئىلاھ بارمۇ؟ ياكى ئۇلاردىن بىرەرىنى يارىتىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان بىرى بارمۇ؟ يوق. يەنى بىر نەرسە ياراتقان ياكى ئىبادەتكە لايىق بولغان ھېچكىم يوق. ﴿أَمَّنۡ﴾ دېگەن سۆزنىڭ بۇ ئايەتتىكى ئۇقۇمى شۇكى، بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان شۇ زات ھېچنەرسە يارىتالمايدىغان شەخسكە ئوخشاشمۇ؟ (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى: ئۇلار ئاللاھقا سىرداش ۋە تەڭداش قوشىدىغان قەۋمدۇر. يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان قەۋمدۇر.

④ يەنى زېمىندا مۇقىم تۇرىدىغان مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتى. شۇڭا ئۇلار تەۋرىمەيدۇ ھەم مىدىرلىمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، زېمىننىڭ ئۈستىدە ياشاش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. زېمىننىڭ ئۈستىدە ئېگىز-ئېگىز تاغلارنى بەرپا قىلىشتىن مەقسەتمۇ زېمىننى تەۋرەپ كېتىش ۋە مىدىرلاپ كېتىشتىن ساقلاشتۇر.

⑤ ئىككى دېڭىز ئارىسىدىكى توسما سۈرە فۇرقان 53-ئايەتنىڭ شەرھىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

أَمَّن يُجِيبُ ٱلۡمُضۡطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكۡشِفُ ٱلسُّوٓءَ وَيَجۡعَلُكُمۡ
خُلَفَآءَ ٱلۡأَرۡضِۗ أَءِلَٰهٞ مَّعَ ٱللَّهِۚ قَلِيلٗا مَّا تَذَكَّرُونَ ٦٢ أَمَّن يَهۡدِيكُمۡ
فِي ظُلُمَٰتِ ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ وَمَن يُرۡسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشۡرَۢا بَيۡنَ يَدَيۡ
رَحۡمَتِهِۦٓۗ أَءِلَٰهٞ مَّعَ ٱللَّهِۚ تَعَٰلَى ٱللَّهُ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ٦٣ أَمَّن يَبۡدَؤُاْ

ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَمَن يَرۡزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۗ أَءِلَٰهٞ مَّعَ ٱللَّهِۚ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٦٤﴾

*(ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان① ۋە سىلەرنى يەر يۈزىنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان زاتمۇ؟② (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). سىلەر تولىمۇ ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر [62]. (ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان③، رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شاماللارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان زاتمۇ؟④ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر [63]. (ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرى ياخشىمۇ) ياكى (مەخلۇقاتنى) دەسلەپتە ياراتقان، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان⑤، سىلەرنى ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىقلاندۇرىدىغان زاتمۇ؟⑥ (بۇ ئىشلارنى قىلىشتا) ئاللاھ بىلەن بىللە بىرەر ئىلاھ بارمۇ؟ (يوق). (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىللىرىڭلارنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار» [64].*

① يەنى ئەنە شۇ ئاللاھقا قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا ئىلتىجا قىلىنىدۇ. كۆلپەت چۈشكەندە ئۇمىد ئۇنىڭغىلا باغلىنىدۇ. ﴿مُضۡطَرَّ﴾ چارىسىز ئادەم ئۇنىڭ تەرىپىگىلا تەلپۈنىدۇ. مۇشكۈللۈكنى پەقەت ئۇ ئاسان قىلىدۇ. تەپسىلىي شەرھى سۈرە ئىسرا 64-ئايەت، سۈرە نەمل 53-ئايەتلەردە بايان قىلىندى.

② يەنى بىر ئۇممەتتىن كېيىن يەنە بىر ئۇممەت، بىر قەۋمدىن كېيىن يەنە بىر قەۋم، بىر ئەۋلادتىن كېيىن يەنە بىر ئەۋلادنى ئورۇنباسار قىلىپ يارىتىدۇ. ئەگەر بارلىق ئىنسانلارنى بىرلا ۋاقىتتا ياشايدىغان قىلىپ

ياراتقـان بولسـا، زېمىنـدا ئۇلتۇراقلىشىشـقا جـاي يېتىشـمىگەن بولاتتـى. تۇرمـۇش كەچۈرۈشـمۇ قىيىنلىشـىپ كەتكـەن بولاتتـى. نەتىجـىدە ھەممـە كىشـى بىر-بىرىنىڭ يۇتنى تارتىۋېتىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتەتتى .يەنـى ئاللاھنـىڭ بىـر ئـەۋلاد كىشـىلەرنىڭ ئارقىدىن يەنـە بىـر ئـەۋلاد كىشـىلەرنى ۋۇجۇتقـا كەلتۈرگەنلىكـى، كېيىنكىلەرنـى ئىلگىرىكىلەرنىـڭ ئورۇنباسارى قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭ كامالى مېھرىبانلىقىدىندۇر.

③ يەنـى ئاسـمانلاردىكى يۇلتۇزلارغـا نـۇر ئاتـا قىلغـان كـىم؟ سـىلەر يۇلتـۇزلار ئارقىلىـق قاراڭغۇلۇقـلاردا يول تاپىسـىلەر. بىر-بىرىگـە چەك-چېگرا ھەم يول بەلگىسى بولىدىغان تاغلارنى يەنە ۋادىلارنى ياراتقان كىم؟

④ يامغۇردىـن ئىلگىرىكـى سـوغۇق شـامال پەقـەت يامغۇردىـن بېشـارەت بېرىپـلا قالماسـتىن يەنـە قۇرغاقچىلىقتـا قالغـان كىشـىلەرگە خۇشـاللىق ئەلچىسى بولۇپ كېلىدۇ.

⑤ يەنـى ئـۇ قىيامـەت كۈنـى سـىلەرگە قايتـا ھاياتلىـق ئاتـا قىلىدىغـان زاتتۇر.

⑥ يەنـى ئاسـماندىن يامغـۇر ياغـدۇرۇش بىلـەن زېمىنغـە يوشـۇرۇنغان خەزىنىلـەر (زىرائـەت ۋە مېۋىلـەر) نـى چىقىرىـپ بېرىدىغـان، شـۇنىڭ بىلـەن ئاسمان ۋە زېمىننىڭ بەرىكەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان زاتتۇر.

قُلْ لَّا يَعْلَمُ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ٱلْغَيْبَ إِلَّا ٱللَّهُ ۚ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ ﴿٦٥﴾ بَلِ ٱدَّٰرَكَ عِلْمُهُمْ فِي ٱلْأَخِرَةِ ۚ

*يەنـە ئېيتقىنكـى، «ئاسـمانلاردىكى ۋە زېمىندىكـى غەيبنـى ئاللاھتـىن باشـقا ھېچكـم بىلمەيـدۇ»①، ئـۇلار ئۆزلىرىنـىڭ قاچـان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىمـۇ بىلمەيـدۇ [65]. ئۇلارنـىڭ ئاخـىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى (يېشىپ) يېتىلدىمۇ؟ (ياق)②.*

① يەنـى مەزكـۇر ئىشـلاردا ئاللاھ تائـالا يەككە-يېگانـىدۇر. ھېچكـىم

بىلەن شېرىكچىلىكى يوقتۇر. شۇنىڭدەك غەيب ئىلمىدىمۇ يەككە-يېگانىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا غەيبنى بىلگۈچى يوقتۇر. ئەلچىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرمۇ پەقەت ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرگەن ئىلىمنىلا بىلىدۇ. باشقىلارنىڭ تەلىم بېرىشى ئارقىلىق ئىلىم ھاسىل قىلغان ئالىم غەيبنى بىلگۈچى دەپ ئاتالمايدۇ. غەيبنى بىلگۈچى شۇنداق زاتتۇركى، ئۇ ھېچقانداق بىر ۋاستە ۋە باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ھەممە ئىلىمنى ئەزەلدىن بىلىدۇ. ھەر قانداق ئىشتىن ئۆزى خەۋەردار بولىدۇ. ھەر قانداق مەخپىيەتلىكمۇ ئۇنىڭ ئىلىم دائىرىسىدىن سىرتتا قالمايدۇ. بۇ سۈپەت پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. شۇڭا ئۇ ئۆزىلا غەيبنى بىلگۈچىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بۇ كائىناتتا غەيبنى بىلمەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىدۇ دەيدىكەن، ئاللاھقا بوھتان چاپلىغان بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾ دېگەن». (سەھىھۇل بۇخارى 4855-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 287-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 3068-ھەدىس) قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا يۇلتۇزلارنى ئۈچ مەقسەت ئۈچۈن ياراتقان: ئاسمانغا زىننەت، يول بەلگىسى، شەيتانلارغا تاش ئېتىپ قوغلاش. لېكىن ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىدىن خەۋەرسىز كىشىلەر يۇلتۇزلاردىن غەيب ئىلمىنى ھاسىل قىلىدۇق دەپ، ئۇلارنى كاھىنلىقنىڭ ئالدام خالتىسى قىلىۋالدى. مەسىلەن: ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: پالانى يۇلتۇز چىققاندا توي قىلسا، مۇنداق بولىدۇ. پالانى يۇلتۇز چىققاندا سەپەر قىلسا، مۇنداق بولىدۇ. پالانى يۇلتۇز چىققاندا تۇغۇلغان بالا مۇنداق بولىدۇ، دېگەندەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئادەتتە ئىشلار ئۇلار پەرەز قىلغاندەك بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزى ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾ دەپ بەلگىلىۋەتكەن تۇرسا، بۇ يۇلتۇزلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ھايۋانلاردىن غەيب ئىلمىنى ھاسىل قىلىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى مۇنداق: ئۇلارنىڭ ئىلمى ئاخىرەت بولىدىغان ۋاقىتنى بىلىشتىن ئاجىز كەلدى ياكى ئۇلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى باشقىلارنىڭكىدىن ئارتۇق ئەمەس. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ «قىيامەت قاچان بولىدۇ» دېگەن سوئالىغا بەرگەن جاۋابىدا «قىيامەت ھەققىدە سورالغۇچى

سورىغۇچىدىن ئالىم ئەمەس» دېگىنىدەك. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى مۇنداق شەرھلىگەن: ئۇلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى يېتەرلىك ئەمەس، ناھايىتى ئاز ۋە ئاجىز. ئۇلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى يەتمىدى، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ئىلمى تۈگىدى. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى: بەلكى، ئاخىرەتكە بارغاندا، ئۇلار ئاخىرەت ھەققىدە قىلىنغان ۋەدىلەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىلمى مۇكەممەل بولىدۇ. لېكىن ئۇ چاغدا بۇ ئىلىمنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادا ئۇنى ئىنكار قىلىپ ياشىغان ئىدى. خۇددى ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە دېگەندەك: ﴿ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ، لېكىن زالىملار بۈگۈن (يەنى بۇ دۇنيادا) روشەن گۇمراھلىقتىدۇر﴾. (سۈرە مەريەم 38-ئايەت)

بَلْ هُمْ فِى شَكٍّ مِّنْهَا ۖ بَلْ هُم مِّنْهَا عَمُونَ ﴿٦٦﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓا۟ أَءِذَا كُنَّا تُرَٰبًا وَءَابَآؤُنَآ أَئِنَّا لَمُخْرَجُونَ ﴿٦٧﴾ لَقَدْ وُعِدْنَا
هَٰذَا نَحْنُ وَءَابَآؤُنَا مِن قَبْلُ إِنْ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٦٨﴾ قُلْ
سِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَٱنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٦٩﴾ وَلَا
تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُن فِى ضَيْقٍ مِّمَّا يَمْكُرُونَ ﴿٧٠﴾ وَيَقُولُونَ
مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٧١﴾ قُلْ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ
رَدِفَ لَكُم بَعْضُ ٱلَّذِى تَسْتَعْجِلُونَ ﴿٧٢﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى
ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٧٣﴾

***بەلكى ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق شەك ئىچىدىدۇر، بەلكى ئۇلار بۇ ھەقتە كوردۇر① [66]. كاپىرلار: «بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلىپ قەبرىمىزدىن) چوقۇم چىقىرىلامدۇق؟ [67]. ھەقىقەتەن بىزگە ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا ئىلگىرى بۇ ھەقتە ۋەدە قىلىنىپ كەلگەن. بۇ پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى② [68]. (ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا) «يەر يۈزىنى كېزىپ، گۇناھكارلار (يەنى***

*پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلار) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار» دېگىن③ [69]. سەن ئۇلار سەۋەبلىك قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ئىچىڭ سىقىلمىسۇن (ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ) [70]. ئۇلار: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىللاردىن بولساڭلار، (سىلەر بىزگە ۋەدە قىلغان) شۇ ئازاب قاچان چۈشىدۇ؟» دەيدۇ [71]. ئېيتقىنكى، «سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە يېقىنلاشقان بولۇشى مۇمكىن» دېگىن④ [72]. شەكسىزكى، رەببىڭ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن كەرەملىكتۇر (شۇڭا ئازابنى كېچىكتۈرىدى)، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ⑤ [73].*

① يەنى ئۇلار دۇنيادا ئاخىرەت توغرۇلۇق شەك ئىچىدىدۇر، ھەتتا ئۇلار بۇ ھەقتە كوردۇركى، ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزلىرى ھەقىقەتنى كۆرمىگەچكە ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن مەھرۇم قالغاندۇر.

② يەنى ھازىرغا قەدەر قىيامەتمۇ ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشمۇ بولغىنى يوق، بۇ ۋەدە پەقەت بۇرۇنقىلاردىن ئاڭلىۋېلىنغان ۋە بىر-بىرىگە دەپ بېرىلگەن سۆزلەردۇر.

③ بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ «بۇ پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن سۆزىگە جاۋابتۇر. يەنى بۇرۇنقى قەۋملەرگە قاراڭلار، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلارغا ئازاب كەلگەنلىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىغا دەلىلدۇر. شۇنىڭدەك قىيامەت ۋە ئاخىرەت ھاياتى ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز ئېيتقان سۆزلەرمۇ شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

④ بۇ يەردىكى ئازابتىن بەدرى غازىتىدا كاپىرلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ئازاب ياكى قەبرىدىكى ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿رَدِفَ﴾ يېقىن دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن: ئەرەبچىدە ئاتلىق كىشىنىڭ كەينىگە مىنگەشكۈچى " رَدِيْفٌ " دەپ ئاتىلىدۇ.

⑤ يەنى ئازابنىڭ كېچىكىشىمۇ ئاللاھنىڭ پەزلى-كەرىمىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇنداق تۇرسىمۇ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، تۇزكورلۇق قىلىدۇ.

وَإِنَّ رَبَّكَ لَيَعْلَمُ مَا تُكِنُّ صُدُورُهُمْ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٧٤﴾ وَمَا مِنْ
غَآئِبَةٍ فِى ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ مُّبِينٍ ﴿٧٥﴾ إِنَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ
يَقُصُّ عَلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَكْثَرَ ٱلَّذِى هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿٧٦﴾ وَإِنَّهُۥ
لَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٧٧﴾ إِنَّ رَبَّكَ يَقْضِى بَيْنَهُم بِحُكْمِهِۦ ۚ وَهُوَ
ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٧٨﴾ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۖ إِنَّكَ عَلَى ٱلْحَقِّ ٱلْمُبِينِ ﴿٧٩﴾

***ھەقىقەتەن رەببىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ئاداۋىتىنى ۋە سۇيىقەستىنى) ئەلۋەتتە بىلىدۇ [74]. ئاسمان - زېمىندا روشەن كىتابقا (لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلمىغان ھېچبىر سىر يوق① [75]. شەكسىزكى، (پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان) بۇ قۇرئان ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلارنىڭ ئىختىلاپلاشقان نەرسىلىرىنىڭ نۇرغۇنىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ② [76]. ئۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر③ [77]. (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، رەببىڭ ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) نىڭ ئارىسىدا (قىيامەت كۈنى) ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمىنى چىقىرىدۇ④، ئاللاھ غالىبتۇر، ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [78]. (شۇڭا) سەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، شەكسىزكى، سەن ئوپئوچۇق ھەق (دىن) ئۈستىدىسەن⑤ [79].***

① كاپىرلار ئالدىرىتىۋاتقان ئازابنىڭ كېلىش ۋاقتىمۇ غەيب ئىلمىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا لەۋھۇلمەھپۇزغا خاتىرلەپ قويغان، ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ھالاكەتنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت كەلگەندە، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. سىلەر نېمە ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئازابنىڭ كېلىشىنى ئالدىرىتىسىلەر؟

② ئەھلى كىتاب يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپلىشىپ، ھەر خىل پىرقە ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈندى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىمۇ بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشىماي قالدى. يەھۇدىيلار بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتتى. ناسارالار بولسا ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلىدى. ئۇلۇغلاشتا شۇ

دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ھەتتا ئۇنى ئاللاھ ياكى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلدى. قۇرئان كەرىم ئۇلار ئىختىلاپ قىلغان نەرسىلەر ھەققىدىكى ھەقىقەتلەرنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلدى. ئەگەر ئۇلار قۇرئان كەرىم بايان قىلغان ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلسا، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىي ئىختىلاپلىرى تۈگەيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەپرىقە ۋە بۆلۈنۈشلەر يوقىلىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە قۇرئان مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەت دېيىلدى. چۈنكى مۇئمىنلەرلا قۇرئاندىن روھىي ئوزۇق ئالىدۇ. قۇرئانغا ئىمان ئېيتقان ئىسرائىل ئەۋلادىمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

④ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن جازا ۋە مۇكاپات بېرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆز كىتابلىرىدا ئۆزگەرتكەن ۋە بۇرمىلىغان نەرسىلىرىنى دۇنيادىلا پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

⑤ يەنى ھەممە ئىشلىرىڭنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن، ھەممە ئىشىڭدا ئاللاھقىلا تايانغىن، پەقەت ئاللاھلا ساڭا مەدەتكاردۇر. چۈنكى سەن، بىرىنچىدىن: ھەق دىن ئۈستىدىسەن، ئىككىنچىدىن: ئۇلار ئۆلۈكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندە كېلىدۇ.

إِنَّكَ لَا تُسۡمِعُ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَلَا تُسۡمِعُ ٱلصُّمَّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا وَلَّوۡاْ مُدۡبِرِينَ ﴿٨٠﴾
وَمَآ أَنتَ بِهَٰدِي ٱلۡعُمۡيِ عَن ضَلَٰلَتِهِمۡۖ إِن تُسۡمِعُ إِلَّا مَن يُؤۡمِنُ
بِـَٔايَٰتِنَا فَهُم مُّسۡلِمُونَ ﴿٨١﴾ ۞ وَإِذَا وَقَعَ ٱلۡقَوۡلُ عَلَيۡهِمۡ أَخۡرَجۡنَا لَهُمۡ
دَآبَّةً مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ

*ئەلۋەتتە سەن ئۆلۈكلەرگە (يەنى قەلبى ئۆلگەن كاپىرلارغا ھەقنى) ئاڭلىتالمايسەن①، ئارقىسىنى قىلىپ (سەندىن) يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغىمۇ دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن② [80]. سەن (دىلى) كورلارنى ئازغۇنلۇقىدىن (چىقىرىپ) ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگۈچى ئەمەسسەن③، سەن (دەۋىتىڭنى) پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىپ*

***مۇسۇلمان بولغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن [81]. ئۇلارغا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئەمەلگە ئاشقان چاغدا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقان چاغدا)④، ئۇلارغا زېمىندىن بىر جانىۋارنى چىقىرىمىزكى⑤،***

① ئىككىنچى سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۆلۈكتۇر، شۇڭا باشقىلارنىڭ ياخشى سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ ياكى ئۇلار گاستۇر، شۇڭا ئاڭلىمايدۇ، نە چۈشەنمەيدۇ، نە توغرا يولغا كىرمەيدۇ. بۇ ئايەتتە كاپىرلار ھېس-تۇيغۇسى يوق، ئەقىل-ئىدراكىمۇ يوق ئۆلۈكلەرگە ئوخشىتىلدى. يەنە ۋەز-نەسىھەت ئاڭلىمايدىغان، دەۋەتنىمۇ قوبۇل قىلمايدىغان گاسلارغا ئوخشىتىلدى.

② يەنى ئۇلار ھەقتىن يۈتۈنلەي يۈز ئۆرىگەن ۋە قاچقان كىشىلەردۇر. چۈنكى گاس ئادەم ھەر قانچە تىرىشسىمۇ بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ. ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يۈز ئۆرىگەنلەر بولسا، تېخىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولدىكى، «ئۆلۈكلەر ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ» دەيدىغان قاراش قۇرئانغا زىتتۇر. ئومۇمەن ئۆلۈكلەر ھېچقانداق سۆزنى ئاڭلىيالمايدۇ. ئەمما قۇرئان-ھەدىستە ئوچۇق بايان قىلىنغان بەزى ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مەسىلەن: ھەدىستە «مېيىت قەبرىگە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت قايتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاياق تېۋىشلىرىنى ئاڭلايدىغانلىقى بايان قىلىنغان». (سەھىھۇل بۇخارى 3381-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2870-ھەدىس) يەنە بىر مىسال شۇكى، بەدرى غازىتىدا كاپىرلارنىڭ جەسەتلىرى بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خىتاب قىلدى، ساھابىلەر: ئۆلۈكلەر سۆزۈڭنى ئاڭلامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى: «ھەئە، سىلەردىن ياخشىراق ئاڭلايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3976-ھەدىس) يەنى ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۆلۈك كاپىرلارغا پەيغەمبىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىتىدۇ. دېمەك بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بىر مۆجىزە بولۇپ، بارلىق ئۆلۈكلەرنىڭ ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ.

③ يەنى دىلى ھەقنى كۆرۈشتىن كور بولغانلارنى سەن تەلەپكە لايىق ھىدايەتكە باشلىيالمايسەن يەنى ئىمانغا يەتكۈزەلمەيسەن.

④ يەنى ياخشىلىقنى بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ھېچكىم قالمىغان چاغدا.

⑤ بۇ جانىۋار قىيامەت يېقىنلاشقانلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەدىستىمۇ تىلغا ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر 10 خىل ئالامەتنى كۆرمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى، بىر تۇرلۇك جانىۋارنىڭ چىقىشىدۇر» (سەھىھ مۇسلىم 2901-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4311-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 2183-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 4055-ھەدىس) يەنە بىر رىۋايەتتە: «قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى شۇكى، كۈن غەربتىن چىقىدۇ، چاشكا ۋاقتىدا بىر جانىۋار چىقىدۇ. ئۇ ئىككىسىدىن قايسىبىرى ئاۋۋال چىقسا، ئىككىنچىسىمۇ ئارقىدىنلا چىقىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2941-ھەدىس)

تُكَلِّمُهُمْ أَنَّ ٱلنَّاسَ كَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا لَا يُوقِنُونَ ﴿٨٢﴾ وَيَوْمَ نَحْشُرُ مِن كُلِّ أُمَّةٍ فَوْجًا مِّمَّن يُكَذِّبُ بِـَٔايَٰتِنَا فَهُمْ يُوزَعُونَ ﴿٨٣﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُو قَالَ أَكَذَّبْتُم بِـَٔايَٰتِي وَلَمْ تُحِيطُواْ بِهَا عِلْمًا أَمَّاذَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٨٤﴾ وَوَقَعَ ٱلْقَوْلُ عَلَيْهِم بِمَا ظَلَمُواْ فَهُمْ لَا يَنطِقُونَ ﴿٨٥﴾

***ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ① [82]. (قىيامەت) كۈنىدە ھەر ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلاردىن بىر توپ ئادەمنى (ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) توپلايمىز، ئۇلار (ئالدى - كەينى يىغىلغۇچە) توختىتىپ تۇرۇلىدۇ② [83]. ئۇلار (ھېساب مەيدانىغا) كەلگەن چاغدا، ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ ئايەتلىرىمنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ ئىنكار قىلدىڭلارمۇ؟③ سىلەر زادى نېمە قىلىپ يۈرگەن ئىدىڭلار؟» دەيدۇ④ [84]. ئۇلار (كۇفرىنى تاللاپ ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب تېگىشلىك بولدى. شۇڭا، ئۇلار (ئۆزلىرىنى ئاقلىيالمايدىغانلىقى ئۈچۈن) گەپ قىلالماي قالىدۇ⑤ [85].***

① بۇ يەردە جانىۋارنىڭ چىقىشىدىكى سەۋەب بايان قىلىنىدى. يەنى كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە ئەھكاملىرىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ ئالامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆزلەرنى مەزكۇر جانىۋار ئۆز تىلى بىلەن بايان قىلىدۇ. دېمەك بۇ جانىۋار كىشىلەرگە سۆزلەيدۇ، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوق، چۈنكى قۇرئان كەرىم بۇنى ئوچۇق بايان قىلدى.

② بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار بولۇپ، بىرىنچىسى: ئۇلار زىناخورلار توپى، ھاراقكەشلەر توپى دېگەندەك ھەر خىل توپلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئىككىنچىسى: ئۇلار توختىتىپ تۇرۇلىدۇ، ئۇلار ئوڭ-سول، ئالدى-كەينى تەرەپكە تاراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، توختىتىپ تۇرۇلىدۇ، ئاندىن ھەممىسى تەرتىپ بىلەن ھېساب مەيدانىغا ھەيدىلىدۇ، ئاندىن جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ.

③ يەنى سىلەر مېنىڭ بىرلىك-بارلىقىمنى بىلىشكە، دەۋىتىمنىڭ دەلىللىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشمىدىڭلار، شۇنداق تۇرۇپ مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئىنكار قىلىپ كەلدىڭلار.

④ يەنى سىلەر مېنىڭ كالامىمنى ئۆگىنىشكە ۋە چۈشىنىشكە پۇرسەت تاپالمىغۇدەك، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن ئىدىڭلار؟

⑤ يەنى ئۇلاردا كۆرسەتكۈدەك ھېچقانداق ئۆزرە بولمايدۇ ياكى قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى پېچەتلىۋېتىلگەن ھالەتنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

أَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا جَعَلْنَا ٱلَّيْلَ لِيَسْكُنُوا۟ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبْصِرًا ۚ إِنَّ فِى
ذَٰلِكَ لَـَٔايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٨٦﴾ وَيَوْمَ يُنفَخُ فِى ٱلصُّورِ فَفَزِعَ مَن
فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ إِلَّا مَن شَآءَ ٱللَّهُ ۚ وَكُلٌّ أَتَوْهُ دَٰخِرِينَ ﴿٨٧﴾
وَتَرَى ٱلْجِبَالَ تَحْسَبُهَا جَامِدَةً وَهِىَ تَمُرُّ مَرَّ ٱلسَّحَابِ ۚ صُنْعَ ٱللَّهِ
ٱلَّذِىٓ أَتْقَنَ كُلَّ شَىْءٍ ۚ إِنَّهُۥ خَبِيرٌۢ بِمَا تَفْعَلُونَ ﴿٨٨﴾

*ئۇلار كېچىنى ئارام ئالىدىغان (ۋاقىت) قىلغانلىقىمىزنى، كۈندۈزنى (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىش ئۈچۈن) يورۇق① قىلغانلىقىمىزنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [86]. ۋە سۈر چېلىنىدىغان كۈنى② ئاللاھ خالىغانلاردىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى قورقۇنچ باسىدۇ③، ھەممە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ [87]. سەن تاغلارغا قاراپ ئۇلارنى تۇرغۇن ھالەتتە دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ④، (بۇ) ھەممە نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان ئاللاھنىڭ سەنئىتىدۇر⑤، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [88].*

① تىرىكچىلىك ۋە رىزىق تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسۇن دەپ كۈندۈزنى يورۇق قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار كۆرمىدىمۇ؟

② سۈر دېگەن ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پۈۋلەيدىغان بىر مۈڭگۈز بولۇپ، پۈۋلىگەندە ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىقىدۇ. سۈر ئايرىم-ئايرىم ئىككى قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق چېلىنىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق سۈر چېلىنغاندا پۈتۈن دۇنيا ئەھلى بىھوش بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىم سۈر چېلىنغاندا بارلىق ئىنسانلار ئۆلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق سۈر چېلىنغاندا ھەممە كىشىلەر قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: تۆتىنچى قېتىم سۈر چېلىنىدۇ، ئۇنىڭدا كىشىلەر مەھشەر مەيدانىغا جەم بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى سۈر قانچىنچى قېتىملىق سۈرنى كۆرسىتىدۇ؟ ئىمام ئىبنى كەسىر، بىرىنچى قېتىملىق سۈرنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. ئىمام شەۋكانى، بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق چېلىنغان سۈر بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەر قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىدۇ، دەيدۇ.

③ بۇ يەردىكى «ئاللاھ خالىغانلاردىن باشقا» كىشىلەر كىم؟ بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، پەرىشتىلەر، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بارلىق ئىمان ئەھلىدۇر. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن

قورقۇنچتىن ئەمىن تاپىدۇ. (ئۇلار تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ)

④ بۇ ئەھۋال قىيامەت كۈنى بولىدۇ، ئۇ كۈندە تاغلار ئۆز ئورنىدا تۇرمايدۇ، بەلكى بۇلۇتلاردەك ماڭىدۇ ۋە ئۇچىدۇ.

⑤ يەنى بۇ ھەر نەرسىنى پۇختا ۋە مۇكەممەل ياراتقان ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ. لېكىن ئاللاھ ھەر قانداق پۇختا قاتتىق نەرسىنىمۇ يۇمشاق ۋە توزغاقتەك توزىتىۋېتىشكە قادىردۇر.

مَن جَآءَ بِٱلۡحَسَنَةِ فَلَهُۥ خَيۡرٞ مِّنۡهَا وَهُم مِّن فَزَعٖ يَوۡمَئِذٍ
ءَامِنُونَ ﴿٨٩﴾ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَكُبَّتۡ وُجُوهُهُمۡ فِي ٱلنَّارِ هَلۡ
تُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٩٠﴾ إِنَّمَآ أُمِرۡتُ أَنۡ أَعۡبُدَ رَبَّ هَٰذِهِ
ٱلۡبَلۡدَةِ ٱلَّذِي حَرَّمَهَا وَلَهُۥ كُلُّ شَيۡءٖۖ وَأُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِنَ
ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴿٩١﴾ وَأَنۡ أَتۡلُوَاْ ٱلۡقُرۡءَانَۖ فَمَنِ ٱهۡتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهۡتَدِي
لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَقُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُنذِرِينَ ﴿٩٢﴾ وَقُلِ ٱلۡحَمۡدُ
لِلَّهِ سَيُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ فَتَعۡرِفُونَهَاۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا
تَعۡمَلُونَ ﴿٩٣﴾

***كىمكى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) ياخشى ئەمەل بىلەن كەلسە، ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىدىن ئەۋزەلراق مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلار بۇ كۈندە قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ① [89]. كىمكى يامان ئىش بىلەن كەلسە، مۇنداقلار يۈزىچە دوزاخقا تاشلىنىدۇ، (ئۇلارغا) «سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا تېگىشلىك جازالىنىسىلەر» (دېيىلىدۇ) [90]. (ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى) «مەن پەقەت ئاللاھ ھۆرمەتلىك قىلغان بۇ شەھەرنىڭ② رەببىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا ۋە قۇرئاننى (ئىنسانلارغا) ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇلدۇم». كىمكى (قۇرئاننىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلىپ) توغرا يولغا كىرىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن توغرا يولغا***

*كىرگەن بولىدۇ، كىمكى ئازدىكەن سەن (ئۇنىڭغا) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىنمەن»③ [91 ـ 92]. (ئى پەيغەمبەر!) يەنە ئېيتقىنكى، «بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى كۆرسىتىدۇ④، سىلەر ئۇ دەلىللەرنى (تونۇش پايدا بەرمەيدىغان چاغدا) تونۇيسىلەر⑤، رەببىڭ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر⑥ [93].*

① يەنى ھەقىقىي ۋە چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن قالىدۇ. ﴿چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتىمۇ) ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالمايدۇ﴾. (سۈرە ئەنبىيا 103 ـ ئايەت)

② بۇ «شەھەر» دېگەندىن مەككە مۇكەررەمە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭدا خانە كەئبە بار. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ سۆيۈملۈك شەھەر ئىدى. «ھۆرمەتلىك» دېگەنىنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇنىڭدا قان تۆكۈش، زۇلۇم قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش، دەرەخلىرىنى كېسىش ھەتتا تىكەنلىك شاخلارنى كېسىشمۇ ھارامدۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بۇ شەھەر مەككىنى ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان كۈندە ھۆرمەتلىك قىلدى. بۇ شەھەر ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمەتلىك قىلىشى بىلەن تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھۆرمەتلىكتۇر. ئۇ شەھەرنىڭ (دەرەخلىرى) تىكەنلىك شاخلىرى كېسىلمەيدۇ، ھايۋانلىرى ئۈركۈتۈلمەيدۇ، چۈشۈپ قالغان نەرسىنى مەخسۇس تەپىنلەپ قويغان كىشىدىن باشقىسى ئالمايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 1832 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1354 ـ ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 1406 ـ ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2017 ـ ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 3109 ـ ھەدىس، سۈنەنى نەسائى 2879 ـ ھەدىس)

③ يەنى مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتۇر. كىمكى مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگە بولىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كىمكى مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلمايدىكەن، مەن ئۇنىڭغا مەسئۇل ئەمەس، ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدۇ ۋە ئۇنى دوزاخقا تاشلايدۇ.

④ ئاللاھ ھېچكىمنى ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەي ۋە دەلىل ـ پاكىت تۇرغۇزماي

تۇرۇپ جازالىمايدۇ.

⑤ يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا (ئاسمان ـ زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 53 ـ ئايەت) كىمكى ھايات ۋاقتىدا بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتمىسا، ئۆلۈم كەلگەن ۋاقىتتا بۇ ئالامەتلەرنى چوقۇم كۆرىدۇ ۋە تونۇيدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتتا تونۇغاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. چۈنكى سەكراتقا چۈشكەندە ئېيتقان ئىمان قوبۇل بولمايدۇ.

⑥ يەنى ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. بۇ ئايەتتە كاپىرلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىت بار.

بسم الله الرّحمن الرّحيم

ھاپىز سالاھۇددىن يۈسۈپ

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى

(سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھلەنگەن)

4

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

بۇ تەپسىرنىڭ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشىغا ماددىي ياردەم قىلغان مۇھەممەد روزى ھاجىم ئاقتاشتىن ئاللاھ رازى بولسۇن! ئاتا-ئانىسى ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى (4)

(سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھلەنگەن)

**ھاپىز سالاھۇددىن يۇسۇف**

ئوردوچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد سادىق ئىسمائىل كاشغەرى**

**تەھرىرلىگۈچىلەر:**

ئەخمەتجان توختاجى

ئابدۇسەمەد قاراجىم

ئا. ئوبۇل

ئابدۇلئەزىز ئابدۇرەھىم

سىراجىددىن ئەزىزى

**نازارەتچىلەر:**

ئابدۇراززاق ئۇجاتلى

سىراجىددىن ئەزىزى

بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقهۇن

2024م / 1445 ھـ بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل-تۈركىيە

# مۇندەرىجە

1 توم


مۇقەددىمە ..... 5
«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىگە مۇقەددىمە ..... 7
«ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى» ھەققىدە ..... 25
تەپسىرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە ..... 29

- 1-پارە 33
سۈرە فاتىھە ..... 33
سۈرە بەقەرە ..... 44
- 2-پارە 134
- 3-پارە 228
سۈرە ئال ئىمران ..... 265
- 4-پارە 323
سۈرە نىسا ..... 395
- 5-پارە 422
- 6-پارە 520
سۈرە مائىدە ..... 542
- 7-پارە 617


2 توم


سۈرە ئەنئام ..... 9
- 8-پارە 81
سۈرە ئەئراف ..... 122
- 9-پارە 172
سۈرە ئەنفال ..... 240
- 10-پارە 263
سۈرە تەۋبە ..... 287
- 11-پارە 357
سۈرە يۇنۇس ..... 387
سۈرە ھۇد ..... 451

• 12-پارە 455
سۈرە يۈسۈف 522
• 13-پارە 552
سۈرە رەئىد 584
سۈرە ئىبراھىم 616


## 3 ـ توم


سۈرە ھىجىر 9
• 14-پارە 9
سۈرە نەھل 36
• 15-پارە 103
سۈرە ئىسرا 103
سۈرە كەھف 161
• 16-پارە 204
سۈرە مەريەم 221
سۈرە تاھا 256
سۈرە ئەنبىيا 307
• 17-پارە 307
سۈرە ھەج 354
• 18-پارە 407
سۈرە مۆئمىنۇن 407
سۈرە نۇر 445
سۈرە فۇرقان 499
• 19-پارە 510
سۈرە شۇئەرا 535
سۈرە نەمل 584
• 20-پارە 610


## 4 توم


سۈرە قەسەس 5
سۈرە ئەنكەبۇت 58
• 21-پارە 84
سۈرە رۇم 99
سۈرە لۇقمان 133
سۈرە سەجدە 156
سۈرە ئەھزاب 172
• 22-پارە 196
سۈرە سەبە 229
سۈرە فاتىر 263
سۈرە ياسىن 293
• 23-پارە 301
سۈرە ساففات 323
سۈرە ساد 361

سۈرە زۇمەر 392

• 24-پارە 411

سۈرە غافىر 435

سۈرە ھا مىم سەجدە 483

• 25-پارە 511

سۈرە شۇرا 517

سۈرە زۇخرۇف 550

سۈرە دۇخان 585

سۈرە جاسىيە 601

## 5 توم

• 26-پارە 5

سۈرە ئەھقاف 5

سۈرە مۇھەممەد 29

سۈرە فەتھ 52

سۈرە ھۇجۇرات 78

سۈرە قاف 93

سۈرە زارىيات 109

• 27-پارە 116

سۈرە تۇر 125

سۈرە نەجم 140

سۈرە قەمەر 157

سۈرە راھمان 173

سۈرە ۋاقىئە 191

سۈرە ھەدىد 210

• 28-پارە 233

سۈرە مۇجادىلە 233

سۈرە ھەشر 251

سۈرە مۇمتەھىنە 269

سۈرە سەف 285

سۈرە جۇمئە 294

سۈرە مۇنافىقۇن 301

سۈرە تەغابۇن 308

سۈرە تەلاق 319

سۈرە تەھرىم 332

• 29-پارە 343

سۈرە مۇلك 343

سۈرە قەلەم 357

سۈرە ھاققە 372

سۈرە مەئارىج 384

سۈرە نۇھ 394

سۈرە جىن 405

سۈرە مۇززەممىل 417

سۈرە مۇددەسسىر 427

سۈرە قىيامەت 438

سۈرە ئىنسان 447

سۈرە مۇرسەلات.................. 459

• 30-پارە 470

سۈرە نەبە.................. 470
سۈرە نازىئات.................. 480
سۈرە ئەبەسە.................. 490
سۈرە تەكۋىر.................. 498
سۈرە ئىنفىتار.................. 505
سۈرە مۇتەففىفىين.................. 510
سۈرە ئىنشىقاق.................. 518
سۈرە بۇرۇج.................. 524
سۈرە تارىق.................. 531
سۈرە ئەئلا.................. 536
سۈرە غاشىيە.................. 541
سۈرە فەجر.................. 546
سۈرە بەلەد.................. 554
سۈرە شەمس.................. 559
سۈرە لەيل.................. 563
سۈرە زۇھا.................. 568
سۈرە ئىنشىراھ.................. 571
سۈرە تىين.................. 574
سۈرە ئەلەق.................. 578
سۈرە قەدر.................. 583
سۈرە بەيىينە.................. 586
سۈرە زىلزال.................. 591
سۈرە مۇلك.................. 594
سۈرە قارىئە.................. 598
سۈرە تەكاسۇر.................. 602
سۈرە ئەسر.................. 605
سۈرە ھۇمەزە.................. 607
سۈرە فىل.................. 610
سۈرە قۇرەيش.................. 613
سۈرە مائۇن.................. 615
سۈرە كەۋسەر.................. 618
سۈرە كافىرۇن.................. 620
سۈرە نەسر.................. 622
سۈرە لەھەب.................. 624
سۈرە ئىخلاس.................. 627

# سۈرە قەسەس

| (28) سۈرە قەسەس مەككىدە چۈشكەن 88 ئايەت | (28) سورة القصص مكية 88 آية |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

طسٓمٓ ﴿١﴾ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿٢﴾ نَتۡلُواْ عَلَيۡكَ مِن نَّبَإِ
مُوسَىٰ وَفِرۡعَوۡنَ بِٱلۡحَقِّ لِقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٣﴾ إِنَّ فِرۡعَوۡنَ عَلَا فِي
ٱلۡأَرۡضِ وَجَعَلَ أَهۡلَهَا شِيَعٗا يَسۡتَضۡعِفُ طَآئِفَةٗ مِّنۡهُمۡ يُذَبِّحُ أَبۡنَآءَهُمۡ
وَيَسۡتَحۡيِۦ نِسَآءَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٤﴾

***تا، سىين، مىيم [1]. بۇ (ھەر نەرسىنى) ئېنىق بايان قىلغۇچى كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر [2]. (ئى پەيغەمبەر! قۇرئانغا) ئىشىنىدىغان قەۋم )نىڭ ئىبرەت ئېلىشى) ئۈچۈن، ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئەينەن ئوقۇپ بېرىمىز① [3]. شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە) ھەددىدىن ئاشتى②، ئاھالىسىنى تەبىقىلەرگە بۆلۈپ③، ئۇلاردىن (ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىبارەت) بىر تەبىقىنى④ بوزەك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ⑤، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى. چۈنكى پىرئەۋن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى [4].***

① يەنى ئى پەيغەمبەر! بۇ قىسسە سېنىڭ ئاللاھ ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەرلىكىڭگە دەلىلدۇر. چۈنكى نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن ۋەقەلەرنى ئۆز پېتى ئەينەن بايان قىلىش ئىلاھىي ۋەھيدىن باشقا ھەر قانداق بىر تارىخشۇناسنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. يەنى ئاللاھ بايان قىلغاندەك بايان قىلىپ بېرەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇنىڭدىن قۇرئانغا ئىشىنىدىغان مۆئمىنلەرلا ئىبرەت ئالىدۇ. چۈنكى، ئەنە شۇ مۆئمىنلەرلا سېنىڭ سۆزلىرىڭنى تەستىقلايدۇ.

② ئۇ زومىگەرلىكتە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ۋە ئۆزىنى «بۈيۈك رەب» دەۋالغان ئىدى.

③ يەنى ئاھالىسىنى ھەر خىل تەبىقە ۋە بۆلەكلەرگە بۆلەتتى. ھەر تەبىقىگە ئايرىم ۋەزىپە بەلگىلەپ، ئىشقا سالاتتى.

④ بۇ يەردىكى تەبىقە ئىسرائىل ئەۋلادىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل ئەۋلادى ئەڭ ئەۋزەل قەۋم ئىدى. ئەمما سىناق ۋە ئىمتىھان سۈپىتىدە، پىرئەۋننىڭ قۇلى ۋە زۇلۇم نىشانى بولۇپ قالغان ئىدى.

⑤ ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈشتىكى سەۋەب شۇكى، پىرئەۋن چۈشىدە بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپتىن چىققان بىر ئوتنىڭ كېلىپ، مىسىرنى كۆيدۈرگەنلىكىنى، ئەمما ئىسرائىل ئەۋلادىنى كۆيدۈرمىگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ بارلىق سېھىرگەر، كاھىن ۋە مۇنەججىملەرنى يىغىپ، چۈشىگە تەبىر سورىغاندا، ئۇلار پىرئەۋنگە: ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلىدىغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ قولىدا پىرئەۋن ۋە سەلتەنىتىنىڭ زاۋال تاپىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەربىر يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇلنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمر قىلدى. ۋەھالەنكى، بۇ ئەخمەق ئويلىمىغان ئىدىكى، ئەگەر مۇنەججىملەرنىڭ سۆزى راست بولسا، مەيلى ئوغۇللارنى ئۆلتۈرسۇن ياكى ئۆلتۈرمىسۇن، بۇ ئىش چوقۇم يۈز بېرەتتى. ئەگەر يالغان بولسا، ئۇ چاغدا ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. (فەتھۇلقەدىر) بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە يەنە سەۋەبى مۇنداق: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن مۇنداق بىر بېشارەت بار بولۇپ، ئۇنىڭدا: ئۇنىڭ نەسلىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ، مىسىر سەلتەنەتى ئۇنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدۇ، دېيىلگەن ئىدى. قىبتىيلار بۇ بېشارەتنى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاڭلاپ قېلىپ، پىرئەۋننى ئۇنىڭدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويغان،

شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىغان. (تەپسىرى ئىبنى كەسىر)

وَنُرِيدُ أَن نَّمُنَّ عَلَى ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَنَجۡعَلَهُمۡ أَئِمَّةٗ
وَنَجۡعَلَهُمُ ٱلۡوَٰرِثِينَ ۝٥ وَنُمَكِّنَ لَهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَنُرِيَ فِرۡعَوۡنَ
وَهَٰمَٰنَ وَجُنُودَهُمَا مِنۡهُم مَّا كَانُواْ يَحۡذَرُونَ ۝٦ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ أُمِّ
مُوسَىٰٓ أَنۡ أَرۡضِعِيهِۖ فَإِذَا خِفۡتِ عَلَيۡهِ

***بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى، ئۇلارنى يولباشچى قىلىشنى، ئۇلارنى (زېمىنغا) ۋارىس قىلىشنى① ، ئۇلارنى ئۇ زېمىندا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىشنى② ، پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) هامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋە ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت) ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىدىن (كېلىدۇ دەپ) ئەنسىرىگەن نەرسىسىنى كۆرسىتىشنى ئىرادە قىلغان ئىدۇق③ [5 ـ 6]. مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن④ بىلدۈردۇقكى: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئەگەر ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىسەڭ،***

① ئەمەلىيەتتە ئىش شۇنداق بولدى. ئاللاھ تائالا بۇ قۇللۇق ئاسارىتىدىكى قەۋمنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ﴿بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئەمەلگە ئاشتى﴾. (سۈرە ئەئراف 137-ئايەت) ئۇلارنى يەنە دىندا پېشىۋا، رەھبەر ھەم يولباشچى قىلدى.

② بۇ يەردىكى «زېمىن» دېگەندىن شام دىيارى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار كەنئانلىقلارنىڭ زېمىنىغا ۋارىس بولدى. چۈنكى ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مىسىرغا قايتىپ كەتمىگەن

ئىدى. (توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر)

③ يەنى ئۇلاردا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىقىدىغان بىر ئوغۇلنىڭ قولىدا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەتى يەنە لەشكەرلىرىمۇ ھالاك بولىدۇ، دەيدىغان بىر ئەندىشە بار ئىدى. بىز ئۇ ئەندىشىنى رېئاللىقتا كۆرسەتتۇق.

④ بۇ يەردىكى ﴿أَوْحَيْنَا﴾ دېگەن پېئىلدىن كۆڭۈلگە سېلىش، دىلغا ئىلھام سېلىش، ئىلھام بىلەن بىلدۈرۈش دېگەن مەنە مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ پەيغەمبەرلەرگە پەرىشتە ئارقىلىق چۈشۈرۈلىدىغان ۋەھيى ئەمەس. ئەگەر پەرىشتە ئارقىلىق كەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ بىر ۋەھيى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقى ئىسپاتلانمايدۇ. چۈنكى، پەرىشتە بەزىدە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئالدىغىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: تاز، ئاق كېسەل، ئەمانىڭ يېنىغا پەرىشتىلەرنىڭ كەلگەنلىكى سەھىھ ھەدىستە بايان قىلىنغان. (سەھىھۇل بۇخارى **3464**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **2964**-ھەدىس)

فَأَلْقِيهِ فِى ٱلْيَمِّ وَلَا تَخَافِى وَلَا تَحْزَنِىٓ ۖ إِنَّا رَآدُّوهُ إِلَيْكِ وَجَاعِلُوهُ مِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٧﴾ فَٱلْتَقَطَهُۥٓ ءَالُ فِرْعَوْنَ لِيَكُونَ لَهُمْ عَدُوًّا وَحَزَنًا ۗ إِنَّ فِرْعَوْنَ وَهَٰمَٰنَ وَجُنُودَهُمَا كَانُوا۟ خَٰطِـِٔينَ ﴿٨﴾ وَقَالَتِ ٱمْرَأَتُ فِرْعَوْنَ قُرَّتُ عَيْنٍ لِّى وَلَكَ ۖ لَا تَقْتُلُوهُ

***ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) قويۇۋەرگىن، (ئۇنىڭدىن ھالاك بولارمىكىن دەپ) ئەنسىرىمىگىن ۋە قايغۇرمىغىن①، ئۇنى چوقۇم ساڭا قايتۇرىمىز② ۋە پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز» [7]. پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر③ ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن، ۋە خاپىلىق )نىڭ مەنبەسى) بولۇپ قالىدىغان مۇسانى (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى④. شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتا ئىش قىلغۇچىلار ئىدى⑤ [8]. پىرئەۋننىڭ ئايالى: «(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا (خۇشاللىق بېغىشلايدىغان) كۆز نۇرىدۇر، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار⑥،***

① ئۇنىڭ دەرياغا چۆكۈپ كېتىشىدىن ياكى يوق بولۇپ كېتىشىدىن قورقمىغىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ غەم قىلمىغىن.

② يەنى ئۇنىڭ ئامانلىقىدىن خاتىرجەم بولغىدەك شەكىلدە ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز. تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈش تۈزۈمى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان. شۇنىڭ بىلەن قىبتىيلار ئىسرائىل ئەۋلادىنى زور تۈركۈمدە ئۆلتۈرۈشتىن ئۇلارنىڭ ئەرلىرى قالماي، ئۇلار قىلىدىغان جاپالىق ئىشلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىلىرىگە يۈكلىنىشتىن قورققان. ئۇلار بۇ ئەندىشىسىنى پىرئەۋنگە ئېيتقاندا، پىرئەۋن يېڭى پەرمان چۈشۈرۈپ، ئوغۇل بوۋاقلارنى بىر يىل ئۆلتۈرۈپ، بىر يىل ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇق قىلغان. ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئوغۇللار ئۆلتۈرۈلمەيدىغان يىلى تۇغۇلغان. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا دەل ئوغۇللار ئۆلتۈرۈلىدىغان يىلى تۇغۇلغان. لېكىن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللانغان: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مۇساغا ھامىلدار بولغاندا، ئۇنىڭدا ھامىلدارلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى زاھىر قىلمىغان. نەتىجىدە پىرئەۋننىڭ پايلاقچىلىرى ئۇنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇنى خاتىرجەم تۇغقان. ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۇنىڭ تۇغقانلىقىنى بىلمەي قالغان. ئەمما، ئانا تۇغۇتتىن كېيىن بالىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلغان. بۇنىڭ تەدبىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ دىلىغا ئىلھام ئارقىلىق سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىسىنى ساندۇققا سېلىپ، نىل دەرياسىغا قويۇپ بەرگەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ بۇ ساندۇق ئېقىپ بېرىپ، دەريا بويىغا جايلاشقان پىرئەۋننىڭ قەسرىگە كىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر چاكارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ساندۇقنى سۈزۈۋالدى.

④ ﴿لِيَكُونَ﴾دىكى «لام «ئاقىۋەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، مۇنداق مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ: ئۇلار ئەسلىدە بۇ بالىنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن بولۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئوغلى ۋە كۆز قارچۇغى قىلىش ئۈچۈن سۈزۈۋالغان ئىدى. لېكىن ئاخىرىدا بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇ بالا ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق مەنبەسى بولۇپ قالدى.

⑤ بۇ جۈملە ئالدىنقى ئىشنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ كەلگەن. يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن دۈشمەن بولۇپ قالدى؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدىغان، خاتا ئىش قىلغۇچى، گۇناھكار قەۋم ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاش يۈزىسىدىن ئۆزلىرى بېقىۋالغان بالىنى ئۆزلىرىنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەبچى قىلدى.

⑥ پىرئەۋننىڭ ئايالى بۇ سۆزنى ساندۇقتىكى چىرايلىق ئوماق بوۋاقنى كۆرگەندە دېگەن. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ، بۇ سۆزنى مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ ساقىلىنى يۇلغانلىقتىن پىرئەۋن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمر قىلغاندا، دېگەن. (ئەيسەر تەپاسىر) «ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكىلدە كەلگەنلىكىدە مۇنداق ئېھتىماللىقمۇ بار، بىر بولسا، پىرئەۋننى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ياكى ئۇنىڭ ئالدىدا باشقا ئوردا خادىملىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، پېئىلنىڭ كۆپلۈك شەكلى قوللىنىلغان.

عَسَىٰٓ أَن يَنفَعَنَآ أَوۡ نَتَّخِذَهُۥ وَلَدٗا وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ٩ وَأَصۡبَحَ
فُؤَادُ أُمِّ مُوسَىٰ فَٰرِغًاۖ إِن كَادَتۡ لَتُبۡدِي بِهِۦ لَوۡلَآ أَن رَّبَطۡنَا عَلَىٰ
قَلۡبِهَا لِتَكُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٠ وَقَالَتۡ لِأُخۡتِهِۦ قُصِّيهِۖ فَبَصُرَتۡ
بِهِۦ عَن جُنُبٖ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ١١ ۞ وَحَرَّمۡنَا عَلَيۡهِ ٱلۡمَرَاضِعَ
مِن قَبۡلُ فَقَالَتۡ هَلۡ أَدُلُّكُمۡ عَلَىٰٓ أَهۡلِ بَيۡتٖ يَكۡفُلُونَهُۥ لَكُمۡ
وَهُمۡ لَهُۥ نَٰصِحُونَ ١٢

***بەلكىم ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى بالا قىلىۋالارمىز»① دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايتتى② [9]. مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ قەلبىدە (ئوغلىنىڭ ھەسرىتىدىن باشقا) ھېچنەرسە قالمىدى③، ئەگەر بىز ئۇنى (ۋەدىمىزگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولسۇن دەپ، ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋر بىلەن) كۈچلەندۈرمىگەن بولساق، ئۇ ئۇنى (يەنى مۇسانىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى) ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى④***

***[10]. ئانىسى مۇسانىڭ ئاچىسىغا⑤: «(خەۋەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن) ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكىن» دېدى. ئاچىسى مۇسانى يىراقتىن كۆزىتىپ ماڭدى⑥. ھالبۇكى، ئۇلار (ئۇنى) تونۇمايتتى [11]. (ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى ئىنىكئانىلارنى ئېمىشتىن چەكلىگەن ئىدۇق⑦، (مۇسانىڭ ئاچىسى ئۇلارغا) ئېيتتى: «سىلەرگە مۇسانى ھامايىسىگە ئېلىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ بېقىپ بېرىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟»⑧ [12].***

① چۈنكى پىرئەۋننىڭ بالىسى يوق ئىدى.

② ئۇلار بېقىۋالماقچى بولغان بۇ ئوغۇل ئۇلار ئۆزلىرى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بالىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مىڭلىغان گۇناھسىز بالىلارنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇنى بىلمەيتتى.

③ يەنى ئۇنىڭ قەلبى ھەر قانداق نەرسىدىن خالىي بولۇپ قالدى. يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ غېمىدىن باشقا ھېچ نەرسە كاللىسىغا كىرمەيتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ بىتاقەت بولۇپ، قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە قالغان ئىدى.

④ يەنى ئانىسى قاتتىق پەرىشانلىق سەۋەبىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلىدە ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاسلا قالدى. لېكىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دىلىنى كۈچلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتىۋالدى ۋە ئاللاھنىڭ مۇسانى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەدىسىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشەندى.

⑤ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسىنىڭ ئىسمى مەريەم بىنتى ئىمران ئىدى. خۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى مەريەم بىنتى ئىمران بولغاندەك. بۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسىدە ئوخشاشلىق بار.

⑥ شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەريا بويلىرىدا يۈرۈپ، ساندۇقنى ئەگەشتى. ئاخىرى ئىنىسىنىڭ پىرئەۋننىڭ قەسرىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

⑦ يەنى بىز ئۆز قۇدرىتىمىز ۋە ئىرادە-تەقدىرىمىز بىلەن مۇسا

ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئانىسىدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئېمىتكۈچى ئايالنى ئېمىشتىن چەكلىدۇق. شۇڭا، ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ، ھېچبىر ئىنىكئانا ئۇنى ئېمىتىشكە ۋە بېقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

⑧ ئۇن چىقارماستىن بارلىق ئەھۋالنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان ئاچىسى ئاخىرى ئۇلارغا: «سىلەرگە بوۋاقنى ئوبدان باقىدىغان، سىلەرگە ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ بېرىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى.

فَرَدَدْنَـٰهُ إِلَىٰٓ أُمِّهِۦ كَىْ تَقَرَّ عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ وَلِتَعْلَمَ أَنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٣﴾ وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَٱسْتَوَىٰٓ ءَاتَيْنَـٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٤﴾

***ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى①، قايغۇرماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن، بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق②، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ③ [13]. مۇسا ئۆسۈپ يېتىلىپ ئەقلى توشقاندا، ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق④، بىز (تائەت - ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [14].***

① ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسىغا ئۇ ئايالنى دەرھال چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۇ يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە بېرىپ، ئانىسى (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئانىسى) نى چاقىرىپ كەلدى.

② مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز ئانىسىنى ئېمىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن پىرئەۋننىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن بالىنى ياخشى پەرۋىش قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قەسرىدە تۇرۇپ ئېمىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئانىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىدى. ئۇ: مېنىڭ ئېرىم ۋە باللىرىم بار، ھۇزۇرىڭىزدا تۇرالمايمەن، دېدى. ئاخىرى ئۇلار مۇنداق

كېلىشتى: مۇسانىڭ ئانىسى بالىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ئېمىتىدىغان ۋە بېقىپ بېرىدىغان، ئۇنىڭ بارلىق خىراجەتلىرى شاھ خەزىنىسىدىن بېرىلىدىغان بولدى. سۇبھانەللاھ! ئاللاھنىڭ قۇدرىتى نېمە دېگەن ئۇلۇغ! ئانا ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئېمىتكەنگە پىرئەۋنىنىڭ خەزىنىسىدىن مائاش ئالىدىغان بولدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىش ۋەدىسىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇردى. ﴿ھەر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇۋاتقان زات پاكتۇر﴾. (سۈرە ياسىن 83-ئايەت) بىر مۇرسەل ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ھۆنەرۋەنىنىڭ مىسالى شۇكى، ئۇ ياسىغان نەرسىگە ئىش ھەققى ئالىدۇ، يەنە ياخشى نىيىتىگىمۇ ئەجىر-ساۋاب ئالىدۇ، شۇنىڭدەك مېنىڭ ئۈممىتىمدىن غازات قىلىدىغانلار ئىش ھەققى ئالىدۇ يەنە ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۆزلىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ، خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆزى ئېمىتىپ، ئۇنىڭغا مائاش ئالغاندەك». (سۈنەنى ئەبى داۋۇد مۇرسەل ھەدىسلىرى 332-ھەدىس)

③ يەنى كىشىلەرنىڭ تولىسى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. لېكىن، ئاللاھ تائالا ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە نەتىجىسىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾. (سۈرە بەقەرە 216-ئايەت) ﴿چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾. (سۈرە نىسا 19-ئايەت) شۇڭا، ئىنساننىڭ ئىستىقبالى ۋە ياخشى ئاقىۋىتى، مەيلى ئۆزى ياقتۇرسۇن ياكى ياقتۇرمىسۇن، ھەر ئىشتا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشقا باغلىقتۇر، بۇنىڭدا ئىنسان ئۈچۈن خەيرلىك ۋە ياخشى ئاقىۋەت بار.

④ ئەگەر بۇ يەردىكى «ھېكمەت ۋە ئىلىم» دېگەندىن پەيغەمبەرلىك كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ماقامغا قانداق يەتكەن؟ بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بايان قىلىنىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى «ھېكمەت ۋە ئىلىم» دېگەندىن پەيغەمبەرلىك

ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارىسىدا ياشاش جەريانىدا تەلىم ئالغان ئەقىل-پاراسەت، ھېكمەت ۋە ئىلىم-مەرىپەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

وَدَخَلَ ٱلْمَدِينَةَ عَلَىٰ حِينِ غَفْلَةٍ مِّنْ أَهْلِهَا فَوَجَدَ فِيهَا رَجُلَيْنِ
يَقْتَتِلَانِ هَٰذَا مِن شِيعَتِهِۦ وَهَٰذَا مِنْ عَدُوِّهِۦۖ فَٱسْتَغَٰثَهُ ٱلَّذِى
مِن شِيعَتِهِۦ عَلَى ٱلَّذِى مِنْ عَدُوِّهِۦ فَوَكَزَهُۥ مُوسَىٰ فَقَضَىٰ عَلَيْهِۖ
قَالَ هَٰذَا مِنْ عَمَلِ ٱلشَّيْطَٰنِۖ إِنَّهُۥ عَدُوٌّ مُّضِلٌّ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾ قَالَ رَبِّ
إِنِّى ظَلَمْتُ نَفْسِى فَٱغْفِرْ لِى فَغَفَرَ لَهُۥٓ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٦﴾
قَالَ رَبِّ بِمَآ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ فَلَنْ أَكُونَ ظَهِيرًا لِّلْمُجْرِمِينَ ﴿١٧﴾

***مۇسا شەھەر ئاھالىسى غەپلەتتىكى بىر ۋاقىتتا شەھەرگە كىردى① ، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئۇلارنىڭ) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنىدىن ئىدى② . ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم ئۆز دۈشمىنىدىن بولغان ئادەمگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى. مۇسا ئۇنى (مۇشت بىلەن بىرنى) ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر③ ، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر»④ [15]. مۇسا: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن» دېدى⑤ . ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر [16]. مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭگە ئېرىشىپ تۇرۇپ، ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن»⑥ [17].***

① بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئىدى، دېدى. بەزىلەر: كىشىلەر ئارام ئالىدىغان چىڭ چۈش ۋاقتى ئىدى، دېدى.

② يەنى پىرئەۋننىڭ قەۋمى بولغان قىبتىيلاردىن ئىدى.

③ ئۇنىڭ بۇ ئىشنى «شەيتاننىڭ ئىشى» دېيىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئادەم ئۆلتۈرۈش ناھايىتى ئېغىر جىنايەت ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىتى ھەرگىز ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئەمەس ئىدى.

④ يەنى شەيتاننىڭ ئىنسانغا بولغان دۈشمەنلىكىمۇ ئاشكارا ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ھىيلە-مىكىرلىرىمۇ مەخپىي ئەمەس.

⑤ بۇ تاسادىپەن سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھلاردىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بىرىنچىدىن: سەۋەنلىك بىلەن سادىر بولغان بۇ قىلمىشنى مەغپىرەت تىلەش زۆرۈر بولىدىغان بىر گۇناھتەك ھېسابلىدى. ئىككىنچىدىن: ئەگەر پىرئەۋن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالسا، ئۆلگۈچىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن قورقتى.

⑥ يەنى ساڭا كاپىر بولغان ۋە بۇيرۇقىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارغا ياردەم قىلمايمەن. سەن ماڭا كۆپ نېمەتلەرنى ئاتا قىلدىڭ. شۇڭا مەن كاپىرغا ياردەمچى بولمايمەن. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى نېمەتلەردىن مەقسەت قىبتىينى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرگەن گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى.

فَأَصۡبَحَ فِي ٱلۡمَدِينَةِ خَآئِفٗا يَتَرَقَّبُ فَإِذَا ٱلَّذِي ٱسۡتَنصَرَهُۥ بِٱلۡأَمۡسِ
يَسۡتَصۡرِخُهُۥۚ قَالَ لَهُۥ مُوسَىٰٓ إِنَّكَ لَغَوِيّٞ مُّبِينٞ ١٨ فَلَمَّآ أَنۡ أَرَادَ أَن
يَبۡطِشَ بِٱلَّذِي هُوَ عَدُوّٞ لَّهُمَا قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ أَتُرِيدُ أَن تَقۡتُلَنِي
كَمَا قَتَلۡتَ نَفۡسَۢا بِٱلۡأَمۡسِۖ إِن تُرِيدُ إِلَّآ أَن تَكُونَ جَبَّارٗا فِي
ٱلۡأَرۡضِ وَمَا تُرِيدُ أَن تَكُونَ مِنَ ٱلۡمُصۡلِحِينَ ١٩ وَجَآءَ رَجُلٞ مِّنۡ
أَقۡصَا ٱلۡمَدِينَةِ يَسۡعَىٰ قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّ ٱلۡمَلَأَ يَأۡتَمِرُونَ بِكَ
لِيَقۡتُلُوكَ فَٱخۡرُجۡ إِنِّي لَكَ مِنَ ٱلنَّٰصِحِينَ ٢٠

***ئەتىسى ئەتىگەندە مۇسا شەھەردە قورقۇنچ ئىچىدە① (خەۋەر تىڭتىڭلاپ يۈرەتتى، دەل شۇ ۋاقىتتا تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغان ئادەم (بۇ قېتىم باشقا بىر قىبتىيگە قارشى) مۇسادىن يەنە ياردەم سورىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن راستىنلا ئوپئوچۇق ئازغۇن ئادەم ئىكەنسەن» دېدى② [18]. مۇسا ئىككىسىنىڭ (ئورتاق) دۈشمىنى بولغان ئادەم (يەنى قىبتىي) گە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا③، ياردەم سورىغان ئادەم (مۇسا مېنى ئۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ): «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن، سەن زېمىندا ئىسلاھ قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايدىكەنسەن» دېدى④ [19]. شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىن بىر ئادەم تېز كېلىپ⑤: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە، ساڭا سەمىمىي مەسلىھەت بەرگۈچىلەردىنمەن» دېدى [20].***

① ﴿خَآئِفًا﴾ قورقۇنچ ئىچىدە ﴿يَتَرَقَّبُ﴾ ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ، ئەتراپىنى كۆزەتكەن ھالدا كېتىپ باراتتى.

② يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەيىبلەپ، تۈنۈگۈن تېخى بىر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتىڭ، بۈگۈنمۇ يەنە بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىسەن، سەن ھەقىقەتەن بىر يولسىز، جېدەلخور ئادەم ئىكەنسەن، دېدى.

③ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام جېدەل يوغىناپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قىبتىينى تۇتماقچى بولغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دۈشمىنى ئىدى.

④ ھېلىقى ياردەم تەلەپ قىلغۇچى (ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان) ئادەم مۇسانى ئۆزىنى ئۇرماقچى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ، ﴿ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن؟﴾[دەپ تاشلىدى. بۇ ۋەقەنى پەقەت ئۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالاملا بىلەتتى. ئۇنى ئاڭلاپ قالغان قىبتىي تۈنۈگۈنكى قاتىللىق ۋەقەسىنى سادىر قىلغان قاتىلنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى ۋە دەرھال بېرىپ پىرئەۋنگە دەپ قويدى. پىرئەۋن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ

قىساسى ئۈچۈن مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

⑤ بۇ ئادەم كىم ئىدى؟ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئادەم پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن بولغان ئىچكى جەھەتتىن مۇساغا سادىق بىر كىشى. ئېنىقكى، باشلىقلارنىڭ كېڭەش يىغىنىدا نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى پەقەت مۇشۇنداق كىشىلەر ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى يېقىن تۇغقىنى ئىدى. «شەھەرنىڭ ئەڭ چېتى» دېگەن پىرئەۋننىڭ قەسرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى جايلاشقان يەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەر شەھەرنىڭ چەت بىر تەرىپىدە ئىدى.

فَخَرَجَ مِنۡهَا خَآئِفࣰا يَتَرَقَّبُۖ قَالَ رَبِّ نَجِّنِي مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢١﴾
وَلَمَّا تَوَجَّهَ تِلۡقَآءَ مَدۡيَنَ قَالَ عَسَىٰ رَبِّيٓ أَن يَهۡدِيَنِي سَوَآءَ
ٱلسَّبِيلِ ﴿٢٢﴾ وَلَمَّا وَرَدَ مَآءَ مَدۡيَنَ وَجَدَ عَلَيۡهِ أُمَّةࣰ مِّنَ ٱلنَّاسِ
يَسۡقُونَ وَوَجَدَ مِن دُونِهِمُ ٱمۡرَأَتَيۡنِ تَذُودَانِۖ قَالَ مَا خَطۡبُكُمَاۖ

***مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىنى كۆزەتكەن ھالدا شەھەردىن چىقىپ كەتتى① ، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى② [21]. مۇسا مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: «رەببىمنىڭ مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى③ [22]. ئۇ مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (ماللىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىنى كۆردى④. ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى قىزنى كۆردى. مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇۋېسىلەرغۇ؟)» دېدى⑤ ،***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، پىرئەۋننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىنى كۆزەتكەن ھالدا شەھەردىن چىقىپ كەتتى.

② يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنى

ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلغان ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردىن چىققاندا نەگە بېرىشنى بىلمەيتتى. چۈنكى، ئۇ مىسىردىن تۇيۇقسىزلا چىقىپ كەتكەچكە، ئالدىن تۈزگەن پىلانى يوق ئىدى. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىر ئاتلىق پەرىشتىنى ئەۋەتتى. پەرىشتە ئۇنىڭغا يول باشلىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

③ شۇنداق قىلىپ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى ۋە ئۇنى شۇنداق توغرا يولغا باشلىدىكى، ئۇ يول بىلەن مېڭىپ دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ زەرەر تاپتى. يەنى ئۇ ئۆزىمۇ ھىدايەت تاپقۇچى ۋە باشقىلارنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى بولدى.

④ يەنى ئۇ مەديەنگە يېتىپ بارغاندا، بىر بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر توپ كىشىنىڭ قويلىرىنى بەس-بەستە سۇغىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەديەن بىر قەبىلىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى ۋە ئەۋلادى ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى يەنى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىدى. دېمەك مەديەنلىكلەر بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا نەسەب جەھەتتىنمۇ تۇغقانچىلىق بار ئىدى. (ئەيسەر تەپاسىر) بۇ جاي شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ياشىغان ھەم پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن يۇرت ئىدى.

⑤ مۇسا ئەلەيھىسسالام قويلىرىنى سۇدىن توسۇپ تۇرغان ئىككى قىزنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ ياردەم قىلغۇسى كەلدى. ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن قويلىرىنى سۇغارماي تۇرغانلىقىنى سورىدى.

شَيۡخٞ كَبِيرٞ ﴿٢٣﴾ فَسَقَىٰ لَهُمَا ثُمَّ تَوَلَّىٰٓ إِلَى ٱلظِّلِّ فَقَالَ رَبِّ إِنِّي لِمَآ أَنزَلۡتَ إِلَيَّ مِنۡ خَيۡرٖ فَقِيرٞ ﴿٢٤﴾ فَجَآءَتۡهُ إِحۡدَىٰهُمَا تَمۡشِي عَلَى ٱسۡتِحۡيَآءٖ قَالَتۡ إِنَّ أَبِي يَدۡعُوكَ لِيَجۡزِيَكَ أَجۡرَ مَا سَقَيۡتَ لَنَاۚ

***ئۇلار: «پادىچىلار (ماللىرىنى سۇغىرىپ بولۇپ) كەتمەستىن، بىز سۇغىرالمايمىز①، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر»***

***دېدى② [23]. مۇسا ئۇلارغا (قويلىرىنى) سۇغىرىپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «ئى رەببىم! سەن ماڭا چۈشۈرىدىغان ھەرقانداق بىر ياخشىلىققا مەن ھەقىقەتەن موھتاجمەن» دېدى③ [24]. ئۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق④ بىلەن مېڭىپ كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى⑤.***

① يەنى ئەرلەرگە ئارىلاشماسلىق ئۈچۈن يىراق تۇرغان ئىدۇق. ﴿الرِّعَآءُ﴾ «رَاعِي»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەر پادىچىلار دېگەن مەنىدە.

② يەنى ئاتىمىز ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، قويلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ.

③ مۇسا ئەلەيھىسسالام سەپەردە ئۇزۇن يول يۈرۈپ مىسىردىن مەديەنگە يېتىپ كەلگەندە، يەيدىغان ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. ئۇزۇن يول مېڭىپ تازا چارچىغان ھەم قورسىقى ئاچقان ئىدى. شۇڭا، ئۇ قويلارنى سۇغىرىپ بەرگەندىن كېيىن، بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ﴿خَيْرٍ﴾ دېگەن سۆز رىزىق، ئوزۇقلۇق، ياخشىلىق، ياخشى ئىش، ئىبادەت، قۇۋۋەت، مال-مۈلۈك قاتارلىق خەيرلىك نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر) ئۇ سۆز بۇ يەردە ئوزۇقلۇق مەنىسىدە كەلگەن يەنى مەن ھازىر ئوزۇقلۇققا موھتاجمەن.

④ ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. بايىقى ئىككى قىزنىڭ بىرى ئۇنى چاقىرغىلى كەلدى. قۇرئان كەرىم ئۇ قىزنىڭ شەرمى-ھايا ۋە ئۇياتچانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. ئەلۋەتتە ئۇياتچانلىق ئاياللارنىڭ زىننىتىدۇر. ئاياللارنىڭ ئىزا تارتماي ئەرلەردەك بولۇۋېلىشى، ھايا ۋە ھىجابنى تەرك ئېتىشى شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

⑤ بۇ قىزلارنىڭ ئاتىسى كىم ئىدى؟ قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ئىسمىنى ئوچۇق تىلغا ئالمىدى. كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ئۇنى مەديەن ئاھالىسىگە ئەۋەتىلگەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئىدى، دەپ قارىدى. ئىمام شەۋكانىمۇ بۇ سۆزنى توغرا دەپ قارىدى. ئەمما ئىمام ئىبنى كەسىر: شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك زامانى مۇسا

ئەلەيھىسسالامدىن خېلى ئىلگىرى ئىدى، شۇڭا بۇ كىشى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى ياكى ئۇنىڭ قەۋمىدىن بولغان بىر كىشى بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ھەر ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ قىزلارغا ياردەم قىلدى، قىزلار بېرىپ ياشىنىپ قالغان ئاتىسىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسى ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماقچى ياكى ئۇنىڭ خىزمىتىگە لايىق ھەق بەرمەكچى بولدى.

فَلَمَّا جَآءَهُۥ وَقَصَّ عَلَيۡهِ ٱلۡقَصَصَ قَالَ لَا تَخَفۡۖ نَجَوۡتَ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٥﴾ قَالَتۡ إِحۡدَىٰهُمَا يَٰٓأَبَتِ ٱسۡتَـٔۡجِرۡهُۖ إِنَّ خَيۡرَ مَنِ ٱسۡتَـٔۡجَرۡتَ ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡأَمِينُ ﴿٢٦﴾ قَالَ إِنِّيٓ أُرِيدُ أَنۡ أُنكِحَكَ إِحۡدَى ٱبۡنَتَيَّ هَٰتَيۡنِ عَلَىٰٓ أَن تَأۡجُرَنِي ثَمَٰنِيَ حِجَجٖۖ

***مۇسا ئۇ (قىزلارنىڭ ئاتىسى شۇئەيب) نىڭ قېشىغا كېلىپ (بېشىدىن ئۆتكەن) قىسسىنى سۆزلەپ بەردى. (شۇئەيب): «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى① [25]. ئىككى قىزنىڭ بىرى: «ئى ئاتا! سەن ئۇنى يالالاپ ئىشلەتكىن، ھەقىقەتەن سەن ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى (مۇشۇنداق) كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك بولغىنىدۇر» دېدى② [26]. ئۇ (يەنى شۇئەيب) ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە③ بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى ساڭا بېرىشنى خالايمەن④،***

① يەنى ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ۋە پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا قىلۋاتقان زۇلۇملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان قىزلارنىڭ ئاتىسى مۇساغا: بۇ جاي پىرئەۋننىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، شۇڭا قورقۇشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئاللاھ سېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزدى، دېدى.

② بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى: ﴿ھەقىقەتەن سەن ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى (مۇشۇنداق)

كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك بولغىنىدۇر﴾ دېگەن چاغدا، ئاتىسى ئۇ قىزدىن: سەن بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ دەپ سورىدى. قىز ئاتىسىغا: بىز قويلىرىمىزنى سۇغۇرىدىغان بۇلاقنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئېغىر بىر تاش قويۇقلۇق ئىكەن، ئۇ ئاشۇ ئون ئەركىشى ئاران كۆتۈرىدىغان تاشنى يالغۇز كۆتۈردى، كېيىن جايىغا قويۇپ قويدى. يەنە، مەن ئۇنى چاقىرغىلى بارغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان ئىدىم، ئۇ كەينىمدىن كېلىۋاتاتتى، يولدا شامال مېنىڭ رومىلىمنى قايرىۋېتەتتى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ ماڭا: سىز ئارقامدىن مېڭىڭ، مەن ئالدىدا ماڭاي، مېنىڭ نەزىرىم سىزنىڭ بەدىنىڭىزگە چۈشۈپ قالمىسۇن، ئەگەر مەن يولدىن ئېزىپ قالغۇدەك بولسام، ئالدى تەرىپىمگە تاش ئېتىڭ، مەن بۇنىڭ بىلەن ماڭىدىغان يولنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمەن، دېدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇنىڭ قانچىلىك راستلىقىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

③ ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ، ئىش ھەققىنى بېرىپ ئادەم ئىشلىتىش يەنى ئىش ھەققى بېرىپ باشقىلارنىڭ خىزمىتىدىن پايدىلىنىش جايىز، دېدى.

④ بىزنىڭ دىيارىمىزدا قىزنىڭ ئائىلىسى تەرەپتىن بىر كىمگە نىكاھلىنىش تەكلىپىنى قويۇش ئەيىب سانىلىدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە بۇ ئەيىب ئەمەس. قىزنىڭ ئائىلىسى ئەخلاق-پەزىلەتلىك يىگىتنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە ياكى ئائىلىسىدىكىلەر ئارقىلىق قىزى بىلەن نىكاھلىنىش تەكلىپىنى قويۇش ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ياخشى ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ساھابە كىراملارنىڭ دەۋرىدىمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل بار ئىدى.

فَإِنۡ أَتۡمَمۡتَ عَشۡرٗا فَمِنۡ عِندِكَۖ وَمَآ أُرِيدُ أَنۡ أَشُقَّ عَلَيۡكَۚ
سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٢٧﴾ قَالَ ذَٰلِكَ بَيۡنِي وَبَيۡنَكَۖ
أَيَّمَا ٱلۡأَجَلَيۡنِ قَضَيۡتُ فَلَا عُدۡوَٰنَ عَلَيَّۖ وَٱللَّهُ عَلَىٰ مَا نَقُولُ وَكِيلٞ ﴿٢٨﴾
۞ فَلَمَّا قَضَىٰ مُوسَى ٱلۡأَجَلَ وَسَارَ بِأَهۡلِهِۦٓ ءَانَسَ مِن جَانِبِ
ٱلطُّورِ نَارٗاۖ قَالَ لِأَهۡلِهِ ٱمۡكُثُوٓاْ إِنِّيٓ ءَانَسۡتُ نَارٗا لَّعَلِّيٓ ءَاتِيكُم

مِّنْهَا بِخَبَرٍ أَوْ جَذْوَةٍ مِّنَ ٱلنَّارِ لَعَلَّكُمْ تَصْطَلُونَ ﴿٢٩﴾ فَلَمَّآ أَتَىٰهَا
نُودِيَ مِن شَٰطِيِٕ ٱلْوَادِ ٱلْأَيْمَنِ فِى ٱلْبُقْعَةِ ٱلْمُبَٰرَكَةِ مِنَ ٱلشَّجَرَةِ

***ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ ئۇمۇ ئىختىيارىڭ، مەن (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن① ، ئاللاھ خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن»② [27]. مۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر، ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل) نىڭ قايسىسنى توشقۇزسام (توشقۇزاي)، ماڭا ئۆۋال بولۇپ قالمىسۇن③ ، ئاللاھ بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر»④ [28]. مۇسا مۇددەتنى⑤ توشقۇزۇپ، ئائىلىسىنى ئېلىپ (مىسىرغا قاراپ) يولغا چىققان چېغىدا⑥ ، ئۇ تۇر تېغى تەرەپتە بىر ئوتنى كۆردى، ئۇ ئائىلىسىگە: «سىلەر (بۇ يەردە) تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ھەقىقەتەن (يىراقتىن) بىر ئوتنى كۆرۈپ قالدىم، بەلكىم ئۇ يەردىن سىلەرگە بىرەر خەۋەر ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغ ئېلىپ كېلەرمەن» دېدى (مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئوت ئەمەس، نۇر ئىكەنلىكىنى بىلدى) [29]. مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، مۇبارەك جايدىكى ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرەخ تەرەپتىن (مۇنداق) نىدا كەلدى⑦:***

① يەنى ئارتۇق ئىككى يىل ئىشلەش ئېغىر كەلسە، سەككىز يىل ئىشلىگەندىن كېيىن كەتسەڭ بولىدۇ.

② مەن سەن بىلەن دەتالاش قىلمايمەن، ئازار بەرمەيمەن، قاتتىق ئىشلەتمەيمەن.

③ يەنى ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇلمىسۇن، سەككىز يىل ياكى ئون يىلدىن كېيىن كەتمەكچى بولسام، مېنى تېخىمۇ كۆپ مۇددەت تۇرۇشقا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ.

④ بۇ، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدۇر، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدۇر. ھەر ئىككىلىسىنىڭ سۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى بۇ

يەردە ئىشتىلگەن پىئىلنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۇلارنىڭ بىرلىكتە بۇ ئىشقا ئاللاھنى گۇۋاھ قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قىزى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى. قالغان تەپسىلاتىنى ئاللاھ تائالا تىلغا ئالمىدى. ئىسلام شەرىئىتىدە نىكاھلىنىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنىڭمۇ ھازىر بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

⑤ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ يەردىكى «مۇددەت» تىن ئۇزۇن بولغان مۇددەتنى ئالدى. چۈنكى، بۇ كېلىشكەن مۇددەتنىڭ تولۇقراقى ۋە ئەڭ ياخشىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ كۆزلىگەن مۇرادى) ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئەخلاقلىق زات بولغاچقا بۇ ياشانغان قېيىن ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىش قىلىشنى خالىمىدى. (فەتھۇلبارى 2684 ـ ھەدىس)

⑥ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى ئەر ئايالىنى نەگە بارسا، شۇ يەرگە بىللە ئېلىپ كېتەلەيدۇ.

⑦ يەنى بۇ ئاۋاز غەرب تەرەپتىكى تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان ۋادىنىڭ بىر گىرۋىكىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ يەردە دەرەختىن ئوت شولىسى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. بۇ ئوت ئەسلىدە ئاللاھنىڭ تەجەللى نۇرى ئىدى.

أَن يَٰمُوسَىٰٓ إِنِّيٓ أَنَا ٱللَّهُ رَبُّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٠﴾ وَأَنْ أَلْقِ عَصَاكَ ۖ فَلَمَّا
رَءَاهَا تَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَآنٌّ وَلَّىٰ مُدْبِرًا وَلَمْ يُعَقِّبْ ۚ يَٰمُوسَىٰٓ أَقْبِلْ
وَلَا تَخَفْ ۖ إِنَّكَ مِنَ ٱلْـَٔامِنِينَ ﴿٣١﴾ ٱسْلُكْ يَدَكَ فِى جَيْبِكَ تَخْرُجْ
بَيْضَآءَ مِنْ غَيْرِ سُوٓءٍ وَٱضْمُمْ إِلَيْكَ جَنَاحَكَ مِنَ ٱلرَّهْبِ ۖ

***«ئى مۇسا، (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھمەن① [30]. سەن ھاساڭنى تاشلىغىن». مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا يىلاندەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، كەينىگە قارىيالمىدى، (بۇ چاغدا مۇنداق نىدا كەلدى) «ئى مۇسا! (مەن تەرەپكە) كەلگىن، قورقمىغىن. سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن② [31]. قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ بىرەر كېسەلدىن***

*ئەمەس (بەلكى مۆجىزە سۈپىتىدە) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ③، قورقۇنچتىن (تەسكىن تېپىش ئۈچۈن) قولۇڭنى كۆكرىكىڭگە قويغىن④ (يەنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا قويغىن)،*

① ئى مۇسا! ساڭا گەپ قىلىۋاتقان مەن ئاللاھ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىمەن.

② بۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇر تېغىدا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن بېرىلگەن، تۇنجى مۆجىزە ئىدى. مۆجىزە ئومۇمىي ئەھۋالدا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىشتۇر. يەنى تاشقى سەۋەبلەرگە باغلىق بولمىغان بىر ئىش بولۇپ، قايسىبىر ئىنساننىڭ ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەنلا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ھەر قانداق يۇقىرى دەرىجىگە ئىگە مۇقەررەب پەيغەمبەرمۇ ئۆزى ئىختىيارى بىلەن مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە تاشلىغاندا، ئۇنىڭ تولغىنىدىغان ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر يىلانغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن، ئۆزىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بۇنىڭ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، تەسكىن بەرگەندىن كېيىن قورقۇنچىسى يوق بولدى، ھەمدە راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىل-ئىسپاتى سۈپىتىدە بۇ مۆجىزىنى ئۆزىگە ئاللاھنىڭ ئاتا قىلىۋاتقانلىقى ئايان بولدى.

③ ئاپئاق قول ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىككىنچى مۆجىزە ئىدى.

④ ھاسا يىلانغا ئايلانسا، مۇسا ئەلەيھىسسالامدا بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولاتتى، شۇڭا ئۇنىڭدىكى قورقۇنچنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قولىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا يەنى سول قولتىقىنىڭ يېنىنى بېسىشقا بۇيرۇلدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئومۇمىي بىر ئۇسۇل بولۇپ، كىمكى قورقۇنچ ھېس قىلغاندا شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭدىكى قورقۇنچ يوقايدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق ئادەم قورقۇنچ ئىچىدە قالغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، قولىنى كۆكسىگە قويسا،-ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن-ئۇنىڭ دىلىدىكى قورقۇنچ تۈگەيدۇ ياكى پەسىيىدۇ.

فَذَٰنِكَ بُرْهَٰنَانِ مِن رَّبِّكَ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِۦٓ إِنَّهُمْ كَانُواْ قَوْمًا
فَٰسِقِينَ ﴿٣٢﴾ قَالَ رَبِّ إِنِّى قَتَلْتُ مِنْهُمْ نَفْسًا فَأَخَافُ أَن يَقْتُلُونِ ﴿٣٣﴾
وَأَخِى هَٰرُونُ هُوَ أَفْصَحُ مِنِّى لِسَانًا فَأَرْسِلْهُ مَعِىَ رِدْءًا يُصَدِّقُنِىٓ
إِنِّىٓ أَخَافُ أَن يُكَذِّبُونِ ﴿٣٤﴾ قَالَ سَنَشُدُّ عَضُدَكَ بِأَخِيكَ وَنَجْعَلُ
لَكُمَا سُلْطَٰنًا فَلَا يَصِلُونَ إِلَيْكُمَا

***بۇ ئىككىسى (ھاسا ۋە قول مۆجىزىسى) پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ (قەۋمىنىڭ) كاتتىلىرىغا رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن (بىزنىڭ ئىتائىتىمىزدىن چىققۇچى) پاسىق قەۋم ئىدى»① [32]. مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن② [33]. قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭكىدىن راۋان، ئۇنى مېنى (قوللاپ پەيغەمبەرلىكىمنى) ئىسپاتلايدىغان ياردەمچى قىلىپ مەن بىلەن ئەۋەتكىن③ ، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» [34]. ئاللاھ ئېيتتى: «سېنى قېرىندىشىڭ بىلەن كۈچلەندۈرىمىز④ ، ئىككىڭلارغا شۇنداق (كۈچلۈك) پاكىت ئاتا قىلىمىزكى، ئۇلار سىلەرگە ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ⑤ .***

① يەنى بۇ ئىككى مۆجىزىنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەرلىكىڭلارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت سۈپىتىدە كۆرسىتىڭلار. بۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا زىت ئىش قىلىدىغان قەۋمدۇر.

② مانا بۇ دەل مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەندىشە قىلىدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا بىر قىبتىي ئۆلگەن ئىدى.

③ ئىسرائىلىي رىۋايەتلەرگە ئاساسەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى سۆزلەشتە ئېغىر ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئالدىغا بىر تال چوغ بىلەن بىر تال خورمىنى تاللاشقا قويۇلغاندا، ئۇ چوغنى ئېلىپ ئاغزىغا سالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تىلى كۆيۈپ قالغان

ئىدى. بۇ سەۋەب راستمۇ ياكى يالغانمۇ؟ قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتىدىن مەلۇم بولدىكى، ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا قارىغاندا بىرقەدەر راۋان ۋە پاساھەتلىك ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدا ئازراق كېكەچلىك بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن تىلىدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ﴿رِدْاً﴾ ياردەمچى، ھەمنەپەس، كۈچەيتكۈچى دېگەن مەنىدە. يەنى ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتى بىلەن ماڭا ياردەم قىلسۇن.

④ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە ھارۇن ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە نائىل بولۇپ، ئۇنىڭ ھەمراھى ۋە ياردەمچىسى بولدى.

⑤ يەنى بىز سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىمىز، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى سىلەرگە ھېچقانداق زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

بِـَٔايَٰتِنَآۚ أَنتُمَا وَمَنِ ٱتَّبَعَكُمَا ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿٣٥﴾ فَلَمَّا جَآءَهُم مُّوسَىٰ
بِـَٔايَٰتِنَا بَيِّنَٰتٖ قَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّفۡتَرٗى وَمَا سَمِعۡنَا بِهَٰذَا
فِيٓ ءَابَآئِنَا ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٦﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ رَبِّيٓ أَعۡلَمُ بِمَن جَآءَ بِٱلۡهُدَىٰ
مِنۡ عِندِهِۦ وَمَن تَكُونُ لَهُۥ عَٰقِبَةُ ٱلدَّارِۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ
ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٣٧﴾

***سىلەر ئىككىڭلار ۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەن كىشىلەر بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىز ئارقىلىق چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر»① [35]. مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ پەقەت ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىز ئىلگىرىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ زامانىدا بۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدۇق» دېدى② [36]. مۇسا ئېيتتى: «رەببىم ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىن كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى③، ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى كىمگە نېسىپ بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ④، شەكسىزكى، (كۇفرىلىقنى***

*تالـلاپ ئۆزگـە) زۇلـۇم قىلغۇچـىلار ھەرگـىز مۇۋەپپەقىيـەت قازىنالمايدۇ»*⑤ *[37]*.

① بـۇ نۇقتـا قۇرئـان كەرىمـدە بىـر نەچچـە جايـدا بايـان قىلىنـدى. مەسـىلەن: سـۈرە مائـىدە 67-ئايـەت، سـۈرە ئەھـزاب 39-ئايـەت، سـۈرە مۇجادەلە 21-ئايەت، سۈرە مۇئمىن 51-، 52-ئايەتلەر.

② يەنـى كائىناتتـا ئىبـادەت قىلىشـقا لايىـق پەقـەت بىـر ئاللاھ بـار دېگـەن بـۇ دەۋەت بىزگـە نىسـبەتەن بىـر يېڭـى نەرسـىدۇر. بىـز بۇنـى ئىلگـىرى ئاتـلاپ باقمىغـان، ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ ئاللاھنـى بىـر دەپ ئېتىقاد قىلىشـنى بىلمەيتتـى. مەككـە مۇشـرىكلىرىمۇ مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالام ھەققـىدە: ﴿ئـۇ نۇرغـۇن ئىلاھلارنـى بىـر ئىـلاھ قىلماقچىمـۇ؟ بـۇ ھەقىقەتـەن غەلىتـە ئىشـتۇر﴾. (سۈرە ساد 5-ئايەت) دېگەن ئىدى.

③ يەنـى ھىدايەتنـى مەندىنمـۇ ۋە سـىلەردىنمۇ ئوبـدان بىلگـۈچـى ئاللاھ تائـالادۇر. شـۇڭا ئاللاھ تەرەپتـىن كەلگـەن ھىدايـەت ۋە مۆجـىزە ئىشـىنىشكە ئەڭ لايىق بولامدۇ ياكى سـىلەرنىڭ ۋە ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ سۆزلىرىمۇ؟!

④ يەنـى ئاخىرەتتىكـى ئاللاھنـىڭ رىزالىقـى، رەھمىتـى ۋە مەغپىرىتىگـە كىمنىـڭ لايىـق بولىدىغانلىقىنـى ئاللاھ ئوبـدان بىلىـدۇ. بـۇ شـەرەپكە پەقەت ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئەڭ لايىق بولىدۇ.

⑤ ﴿الظّٰلِمُوْنَ﴾ دېگەنـدە شـېرىك ۋە كۇفرىلىقنـى تالـلاپ ئۆزگـە زۇلـۇم قىلغۇچـى مۇشـرىكلار ۋە كاپىـرلار كـۆزدە تۇتۇلـىدۇ. چۈنكـى، زۇلۇمنىـڭ مەنىسـى ھـەر نەرسـىنى ئـۆز ئورنىغـا قويماسـلىقتۇر. مۇشـرىكلارمۇ ئىلاھلىققا لايىـق ئەمـەس كىشـىلەرنى ئىلاھىيـەت ماقامىغـا قويىۋالـدۇ. شـۇنىڭدەك كاپىرلارمـۇ رەببىنىـڭ بۈيـۈك ماقامىنـى بىلمـەي ياشـايدۇ. شـۇ ۋەجىدىـن بۇنـداق كىشـىلەر ھەممىدىن چوڭ زالىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتتىن يەنـى ئاخىرەتتىكـى ئاللاھنىـڭ رەھمىتـى ۋە مەغپىرىتىدىـن مەھـرۇم قالـىدۇ. بـۇ ئايەتتـىن مەلـۇم بولىدىكـى، ھەقىقـي مۇۋەپپەقىيـەت ئاخىرەتتىكـى مۇۋەپپەقىيەتتـۇر. دۇنيادىكـى خۇشـاللىق، مال-مۈلـۈك، راھەت-پاراغەتلـەر ھەقىقـي مۇۋەپپەقىيـەت ئەمـەس. چۈنكـى، بـۇ ۋاقىتلىـق مۇۋەپپەقىيەتكـە دۇنيـادا كاپىـرلار ۋە مۇشـرىكلارمۇ ئېرىشـىدۇ. لېكىـن ئاللاھ تائـالا ئۇلارنىـڭ مۇۋەپپەقىيـەت قازىنالمايدىغانلىقىنـى ناھايىتـى ئوچـۇق بايـان قىلـدى. بـۇ شـۇنى بىلدۈرىدۇكـى، ھەقىقـي مۇۋەپپەقىيـەت دۇنيادىكـى بىـر قانچـە كۈنلـۈك

خۇشاللىق ۋە ۋاقىتلىق راھەت-پاراغەت ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتىكى ئەبەدىي مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَأُ مَا عَلِمْتُ لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرِى
فَأَوْقِدْ لِى يَٰهَٰمَٰنُ عَلَى ٱلطِّينِ فَٱجْعَل لِّى صَرْحًا لَّعَلِّىٓ أَطَّلِعُ إِلَىٰٓ إِلَٰهِ
مُوسَىٰ وَإِنِّى لَأَظُنُّهُۥ مِنَ ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٣٨﴾ وَٱسْتَكْبَرَ هُوَ وَجُنُودُهُۥ فِى
ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُمْ إِلَيْنَا لَا يُرْجَعُونَ ﴿٣٩﴾ فَأَخَذْنَٰهُ
وَجُنُودَهُۥ فَنَبَذْنَٰهُمْ فِى ٱلْيَمِّ ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾
وَجَعَلْنَٰهُمْ أَئِمَّةً يَدْعُونَ إِلَى ٱلنَّارِ ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ لَا يُنصَرُونَ ﴿٤١﴾

*پىرئەۋن ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان! سەن خىش پىشۇرۇپ① مەن ئۈچۈن ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن (ئۇنىڭغا چىقىپ) مۇسانىڭ ئىلاھىغا قاراپ باقاي②، مەن ئۇنى ھەقىقەتەن (ئاسماندا بىرلا ئىلاھ بار دېگەن دەۋاسىدا) يالغانچىلاردىن دەپ ئويلايمەن»③ [38]. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر) زېمىنىدا زۇلۇم قىلىپ (ئىمان ئېيتىشتىن) تەكەببۇرلۇق قىلدى④. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايدۇ (يەنى قىيامەت ۋە قايتا تىرىلىش يوق، ھېساب ئېلىنىشمۇ، جازاغا تارتىلىشمۇ يوق) دەپ ئويلاشتى [39]. نىھايەت، بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى جازالاپ، دېڭىزغا تاشلىۋەتتۇق (يەنى ئۇلارنى دېڭىزدا غەرق قىلىۋەتتۇق، ئۇلاردىن بىر ئادەممۇ ساق قالغىنى يوق)⑤. (ئى پەيغەمبەر!) زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىغىن [40]. ئۇلارنى بىز دوزاخقا چاقىرىدىغان باشلامچىلار قىلدۇق (يەنى ئۇلارنى بىز دۇنيادا گۇمراھلار ئەگىشىدىغان كۇفرىنىڭ باشلامچىلىرى قىلدۇق)⑥، قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ (يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ئازابنى توسىدىغان مەدەتكار بولمايدۇ) [41].*

① يەنـى ھامـان پـىرئەۋننـىڭ ۋەزىـرى، مەسلىھەتچىسـى، ئۇنـىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئىدى. پىرئەۋن ئۇنى خىش پىشۇرۇشقا بۇيرۇدى.

② يەنـى ناھايىتـى ئېگىـز ۋە پۇختـا بىـر بىنـا سـالغىن، مـەن ئۇنـىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئاسماندا مەندىن باشقا بىر ئىلاھ بارمۇ-يوق؟ قاراپ باقاي.

③ يەنى مۇسا (ئەلەيھىسسالام) ئاسماندا پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرۇپ تۇرىۋاتقان بىر ئىلاھ بار دەپ دەۋا قىلىۋاتىدۇ، مەن ئۇنى يالغانچى دەپ ئويلايمەن.

④ بۇ يەردىكى «زېمىن» دېگەندە پىرئەۋن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىسىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿اسۡتَكۡبَرَ﴾نىڭ مەنىسى ھېچقانداق سالاھىيىتى بولماي تۇرۇپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش يەنى ئۇلاردا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىگە رەددىيە بېرەلىگۇدەك دەلىل-پاكىت يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ، ھەددىدىن ئېشىپ، بويۇنتاۋلۇق بىلەن قارشىلىشىش ۋە ئىنكار قىلىش يولىنى تاللىدى.

⑤ يەنى ئۇلار كۇفرىلىق ۋە زۇلۇم قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى ۋە ھېچبىر شەكىلدە ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمىدى. ئاخىرى بىز ئۇلارنى بىر ئەتىگەندىلا دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتتۇق. (بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە شۇئەرادا بايان قىلىندى).

⑥ يەنى ئۇلاردىن كېيىنمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغانلار كەلسە، ئۇلارنىڭ پېشۋاسى مانا مۇشۇ دوزاخقا چاقىرغۇچى پىرئەۋن بولىدۇ.

وَأَتۡبَعۡنَٰهُمۡ فِي هَٰذِهِ ٱلدُّنۡيَا لَعۡنَةٗۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ هُم مِّنَ ٱلۡمَقۡبُوحِينَ ﴿٤٢﴾
وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ مِنۢ بَعۡدِ مَآ أَهۡلَكۡنَا ٱلۡقُرُونَ ٱلۡأُولَىٰ
بَصَآئِرَ لِلنَّاسِ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ لَّعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٤٣﴾ وَمَا كُنتَ
بِجَانِبِ ٱلۡغَرۡبِيِّ إِذۡ قَضَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَى ٱلۡأَمۡرَ وَمَا كُنتَ مِنَ
ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٤٤﴾ وَلَٰكِنَّآ أَنشَأۡنَا قُرُونٗا

***بىز ئۇلارنى بۇ دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراپ تۇرىدىغان قىلىپ قويدۇق (يەنى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ئاللاھ، پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر لەنەت ئوقۇيدۇ). قىيامەت كۈنى ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغۇچىلاردىن بولىدۇ① [42]. شۈبھىسىزكى، بىز ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن②، كىشىلەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ③، مۇساغا ئۇلار ئۈچۈن (ئەقىل كۆزلىرىنى ئاچىدىغان) نۇر، ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان كىتابنى (تەۋراتنى) بەردۇق④ [43]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز (تۇر تېغىنىڭ) غەرب تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيي نازىل قىلغاندا، سەن يوق ئىدىڭ، (بۇ ۋەقەلىكنى) كۆرگۈچىلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ⑤ [44]. ئەمما بىز نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى (يەنى نەسىللەرنى) بارلىققا كەلتۈردۇق⑥،***

① يەنى ئۇلار دۇنيادىمۇ خارلىق ۋە رەسۋالىق ئىچىدە قالىدۇ. ئاخىرەتتىمۇ ئۇلار ھالى خاراب كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. يەنى يۈزلىرى قارا، كۆزلىرى كۆك بولىدۇ. بۇ دوزىخىلارنىڭ سۈپىتىدۇر.

② يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ياكى نۇھنىڭ قەۋمى، ئاد، لۇت ۋە سەمۇد قاتارلىق ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى نازىل قىلدۇق.

③ يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئادا قىلسۇن، ئاللاھقا ئىمان ئېيتسۇن ۋە ئۆزلىرىنى ياخشىلىققا، ھىدايەتكە ۋە ھەقىقىي غەلىبىگە باشلايدىغان ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىتائەت قىلسۇن دەپ.

④ يەنى ئۇلار كىتاب ئارقىلىق ھەقنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشسۇن ھەمدە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولسۇن دەپ تەۋراتنى بەردۇق.

⑤ يەنى ئى پەيغەمبەر! تۇر تېغىدا بىز مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغاندا، سەن ئۇ يەردە يوق ئىدىڭ، ئۇ ئىشلارنى كۆرگۈچىلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ. بۇ غەيبىي ئىشلار جۈملىسىدىن بولۇپ، بىز ساڭا ئۇلارنى ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرىۋاتىمىز. بۇ ھەقىقەتلەر سېنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى، سەن بۇلارنى بىراۋدىن تەلىم ئالغانمۇ ئەمەس، نە ئۇلارنى ئۆز كۆزۈڭ

بىلەن كۆرگەنمۇ ئەمەس. بۇ نۇقتا بىر قانچە سۈرىلەردە بايان قىلىندى، مەسىلەن: سۈرە ئال ئىمران 44-ئايەت، سۈرە ھۇد 49-، 100-ئايەت، سۈرە يۇسۇف 102-ئايەت، سۈرە تاھا 99-ئايەت قاتارلىقلار.

⑥ ﴿قُرُونٌ﴾ «قَرْنٌ» نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەسىر، زامان، دەۋر مەنىسىدە. لېكىن بۇ يەردە ئۇممەتلەر، ئەسىرلەر ياكى شۇ ئەسىرلەردە ياشىغان نەسىللەر، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشقان كىشىلەر توپى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. يەنى ئى پەيغەمبەر! سەن بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدىكى زاماندا نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى-كۆپ نەسىللەرنى ياراتتۇق.

فَتَطَاوَلَ عَلَيْهِمُ ٱلْعُمُرُ ۚ وَمَا كُنتَ ثَاوِيًا فِىٓ أَهْلِ مَدْيَنَ تَتْلُوا۟
عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِنَا وَلَٰكِنَّا كُنَّا مُرْسِلِينَ ﴿٤٥﴾ وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ ٱلطُّورِ
إِذْ نَادَيْنَا وَلَٰكِن رَّحْمَةً مِّن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوْمًا مَّآ أَتَىٰهُم مِّن
نَّذِيرٍ مِّن قَبْلِكَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٤٦﴾

***ئۇلارنىڭ مۇددەتلىرى ئۇزۇن بولدى (يەنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇزۇن زامان ياشىدى)① ، سەن مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىپ تۇرغانمۇ ئەمەسسەن② ، لېكىن (ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ۋەھيي ئارقىلىق ساڭا) بىز ئەۋەتتۇق③ [45]. بىز (مۇساغا) نىدا قىلغان چاغدا سەن تۇر تېغىنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ④ ، لېكىن (سېنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكىڭ) سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ⑤ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، رەببىڭ تەرىپىدىن (كاڭا) بىر رەھمەتتۇر⑥ [46].***

① يەنى كۇنىلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن شەرىئەتلەر ۋە ئەھكاملار ئۆزگىرىپ كەتتى. كىشىلەرمۇ دىنىدىن بىخەۋەر بولۇپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىنى چوڭ بىلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئاللاھ بىلەن تۇزگەن ئەھدىلىرىنى بۇزدى. شۇ ۋەجىدىن يېڭى بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىش

زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. بۇ جۈملىنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىكى مۇددەتنىڭ ئۇزۇن بولغانلىقىدىن كىشىلەر پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالدى. شۇڭا ئۇلار سېنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكىڭگە ھەيران قېلىۋاتىدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمايۋاتىدۇ.

② ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولغان بولاتتىڭ.

③ ئەنە شۇ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بىز سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق ۋە ساڭا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە قىسسىلىرىنى ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈردۇق.

④ يەنى ئەگەر سەن بەرھەق پەيغەمبەر بولمىغان بولساڭ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسىنىمۇ بىلمىگەن بولاتتىڭ.

⑤ بۇنىڭدىن مەككە ئەھلى ۋە ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ھېچبىر پەيغەمبەر كەلمىگەن. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەرلىك ئۇنىڭ جەمەتىدىلا داۋاملىشىپ تۇرغان بولۇپ، پەقەت ئىسرائىل ئەۋلادىدىلا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلىپ تۇرغان. ئىسمائىل ئەۋلادى يەنى ئەرەبلەردە بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى. شۇنداقلا ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى. ئەرەبلەرگە ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەۋەتىلمەسلىكتىكى سەۋەب شۇكى، ئېھتىمال باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرى ئۇلارغا يېتىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭسىز ئۇلاردا كۇفرىلىق ۋە شېرىكتە تۇرۇشقا ئۆزرە تېپىلغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچبىر قەۋم ئۈچۈن بۇنداق ئۆزرىگە ئورۇن قالدۇرمىغان.

⑥ يەنى سېنىڭ ئۇ قىسسىلەرنى بىلگەنلىكىڭ كۆرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىم ئەمەس، بەلكى رەببىڭنىڭ رەھمىتىدۇركى، ئۇ سېنى پەيغەمبەر قىلدى يەنە ۋەھيي چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇ قىسسىلەرنى ساڭا بىلدۈردى.

وَلَوۡلَآ أَن تُصِيبَهُم مُّصِيبَةُۢ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡ فَيَقُولُواْ رَبَّنَا لَوۡلَآ

أَرۡسَلۡتَ إِلَيۡنَا رَسُولٗا فَنَتَّبِعَ ءَايَٰتِكَ وَنَكُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٧﴾
فَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ مِنۡ عِندِنَا قَالُواْ لَوۡلَآ أُوتِيَ مِثۡلَ مَآ أُوتِيَ مُوسَىٰٓۚ
أَوَلَمۡ يَكۡفُرُواْ بِمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ مِن قَبۡلُۖ قَالُواْ سِحۡرَانِ تَظَٰهَرَا
وَقَالُوٓاْ إِنَّا بِكُلّٖ كَٰفِرُونَ ﴿٤٨﴾ قُلۡ فَأۡتُواْ بِكِتَٰبٖ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ
هُوَ أَهۡدَىٰ مِنۡهُمَآ أَتَّبِعۡهُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤٩﴾

***ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر ئازاب ـ ئوقۇبەت كەلسە، «ئى رەببىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكى ئۈچۈن (سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)① [47]. ئەمما ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلگەندە، ئۇلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە) مۇساغا بېرىلگەندەك مۆجىزە بېرىلمىدى؟» دېدى②. ئۇلار ئىلگىرى مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزىنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدى؟③ ئۇلار: «(تەۋرات بىلەن قۇرئان) بىر ـ بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئىككى سېھىردۇر» دېدى. ئۇلار يەنە: «بىز ئەلۋەتتە (بۇ ئىككى كىتابنىڭ) ھەر ئىككىسىنى ئىنكار قىلغۇچىلارمىز» دېدى④ [48]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا تېخىمۇ توغرا بىرەر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي»⑤ [49].***

① يەنى ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئۆزرىلىرىگە ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. چۈنكى بەك ئۇزۇن زامان ئۆتكەنلىكتىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يوليورۇقلىرى ئۆزگەرتىلگەن، دەۋەتلىرى ئۇنتۇلغان ئىدى. بۇ ئەھۋال يېڭى پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى تەقەززا قىلاتتى. مۇشۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى (قۇرئان ۋە ھەدىس) نى ئۆزگەرتىلىش ۋە بۇرمىلىنىشتىن ساقلاپ قالدى. ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن شۇنداق بىر تەدبىر ۋە ئىنتىزام بەلگىلىدىكى، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋتى دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىغا يەتكۈزۈلدى. يىگى بىر پەيغەمبەرگە ئېھتىياج قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، داۋاملىق يەتكۈزۈلۋاتىدۇ. كىمكى بۇ «ئېھتىياج»نى دەۋا قىلسا، يەنى ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلسا، ئۇ چوقۇم يالغانچى بولغان بولىدۇ.

② يەنى ھاسىنىڭ يىلانغا ئايلانغانلىقى، قولىدىن ئاپئاق نۇر چاقنىغانلىقى قاتارلىق مۇساغا بېرىلگەندەك مۆجىزىلەر نېمە ئۈچۈن مۇھەممەدكە بېرىلمىدى؟

③ يەنى ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، پايدىسى يوق، ئىمان ئېيتمايدىغانلار ھەر تۈرلۈك مۆجىزىلەرنى كۆرسىمۇ، يەنىلا ئىمان ئېيتمايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام كەلتۈرگەن مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ پىرئەۋن مۇسۇلمان بولدىمۇ؟ ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلمىدىمۇ؟ ياكى ﴿أَوَلَمْ يَكْفُرُوا﴾ دىكى ئىگىلىك ئالماش قۇرەيش كاپىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلمىدىمۇ؟ دېگەن بولىدۇ.

④ بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرىنچىسى: «ھەر ئىككىسى» دېگەندە مۇسا بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿سِحْرٰنِ﴾ «سَاحِرَانِ «(ئىككى سېھىرگەر) دېگەن مەنىدە بولىدۇ. يەنى «ھەر ئىككىسى (يەنى مۇسا بىلەن ھارۇن) بىر-بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان سېھىرگەرلەردۇر» دېگەن بولىدۇ. ئىككىنچىسى: «ھەر ئىككىسى» دېگەندىن قۇرئان بىلەن تەۋرات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى «ھەر ئىككىسى (يەنى قۇرئان بىلەن تەۋرات) بىر-بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان سېھىردۇر». بىز ھەر ئىككىسىنى يەنى مۇساغا چۈشۈرۈلگەن تەۋراتنى ۋە مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننى ئىنكار قىلغۇچىلارمىز. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ ئەگەر سىلەر بۇ ئىككى كىتاب يەنى قۇرئان بىلەن تەۋرات سېھىردۇر دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا تېخىمۇ توغرا يولغا باشلايدىغان بىر ئىلاھىي كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي، چۈنكى مەن توغرا يول ئىزدىگۈچى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىمەن.

فَإِن لَّمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَكَ فَٱعۡلَمۡ أَنَّمَا يَتَّبِعُونَ أَهۡوَآءَهُمۡۚ وَمَنۡ أَضَلُّ
مِمَّنِ ٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ بِغَيۡرِ هُدٗى مِّنَ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٠﴾ ۞ وَلَقَدۡ وَصَّلۡنَا لَهُمُ ٱلۡقَوۡلَ لَعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٥١﴾
ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِهِۦ هُم بِهِۦ يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٢﴾

*ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاپ بېرەلمىسە①، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ ۋەھيي قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟② شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ③ [50]. ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن④، كالامىمىزنى ئۇلارغا ئۈزۈلدۈرمەي چۈشۈرۈپ تۇردۇق⑤ [51]. قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب بەرگەنلەر (ئارىسىدىكى مۇئمىنلەر) قۇرئانغىمۇ ئىمان ئېيتىدۇ⑥ [52].*

① يەنى ئۇلار قۇرئان ۋە تەۋراتتىنمۇ ياخشىراق توغرا يولغا باشلايدىغان كىتاب كەلتۈرەلمىسە، ئەلۋەتتە كەلتۈرەلمەيدۇ.

② يەنى ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ھىدايەتنى قويۇپ، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەنلىك ھەممىدىن چوڭ ئازغۇنلۇقتۇر. بۇ جەھەتتە مەككە كاپىرلىرى ھەممىدىن چوڭ گۇمراھ ۋە ئازغۇن ھېسابلىنىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ زالىملارغا قارىتا بەلگىلىگەن ھىدايەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇش قانۇنىيىتى (بۇ ھەقتە تۈتۈپ كەلگەن يولى) بايان قىلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈش، كۇفرىدا تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرۇش شۇنداق بىر جىنايەتكى، ئۇنى سادىر قىلغانلارنىڭ قەلبىدىن ھەقنى قوبۇل قىلىش ئىستىكى ۋە ھەققە ئەگىشىش قىزغىنلىقى يوق بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسان زۇلۇم، ئاسىيلىق، كۇفرى ۋە شېرىك قاراڭغۇلۇقلىرىدا گاڭگىراپ يۈرۈيدۇ، ئىماننىڭ نۇرى ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايدۇ.

④ مەقسەت شۇ ئىدىكى، كىشىلەر ئىلگىرىكىلەر دۇچار بولغان

ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشتىن قورقۇپ، بىزنىڭ كالامىمىزدىن ۋەز-نەسىھەت ئېلىپ، ئىمان كەلتۈرسۇن.

⑤ يەنى بىر پەيغەمبەردىن كېيىن يەنە بىر پەيغەمبەر، بىر كىتابتىن كېيىن يەنە بىر كىتاب ئەۋەتىپ تۇردۇق، شۇ تەرىقىدە بىز كالامىمىزنى پەيدىنپەي ئىزچىل تۈردە كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ تۇردۇق.

⑥ ئۇلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا ئوخشاش مۇسۇلمان بولغان يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياكى ھەبەشىستاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغان خرىستىئانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (تەپسىرى ئىبنى كەسىر)

وَإِذَا يُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا بِهِۦٓ إِنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّنَآ إِنَّا كُنَّا
مِن قَبْلِهِۦ مُسْلِمِينَ ﴿٥٣﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ يُؤْتَوْنَ أَجْرَهُم مَّرَّتَيْنِ بِمَا
صَبَرُوا۟ وَيَدْرَءُونَ بِٱلْحَسَنَةِ ٱلسَّيِّئَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ يُنفِقُونَ ﴿٥٤﴾
وَإِذَا سَمِعُوا۟ ٱللَّغْوَ أَعْرَضُوا۟ عَنْهُ وَقَالُوا۟ لَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ
أَعْمَٰلُكُمْ سَلَٰمٌ عَلَيْكُمْ لَا نَبْتَغِى ٱلْجَٰهِلِينَ ﴿٥٥﴾

***ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شەكسىزكى، ئۇ رەببىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ① [53]. ئەنە شۇلارغا سەۋر - تاقىتى يۈزىسىدىن ئىككى ھەسسە مۇكاپات بېرىلىدۇ②، ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى توسىدۇ③، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ئاللاھ يولىدا) خەجلەيدۇ [54]. ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى④ ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن⑤، بىز نادانلار بىلەن ئىزدەشمەيمىز» دەيدۇ [55].***

① بۇ ئايەت قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلىنغان بىر

ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەت شۇكى، ھەر دەۋردە ئۆتكەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى دەۋەت قىلغان دىنىنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكى ۋە ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى بويىچە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدىغانلىقىدۇر. يەھۇدى ۋە خرىستىئان دېگەندەك ئاتالغۇلارنى كىشىلەر كېيىنكى دەۋردە ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان. مۇشۇ ئېتىبار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ياكى خرىستىئانلار) ﴿بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مۇسۇلمان ئىدۇق﴾ دېدى، يەنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدۇق.

② «سەۋر - تاقىتى يۈزىسىدىن» يەنى ھەرقانداق ئەھۋالدا پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئىمان كەلتۈرگەنلىك ۋە شۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرغانلىقتىن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ. كىمكى ئىلگىرى نازىل بولغان كىتابقا ئىمان ئېيتقان بولسا، ئاندىن ئىككىنچى بىر كىتاب نازىل بولسا، ئۇنىڭغىمۇ ئىمان ئېيتسا؛ يەنە كىمكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتقان بولسا، ئاندىن ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. ھەدىستىمۇ بۇنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە، ئىككى ھەسسە مۇكاپات بېرىلىدۇ، بىرىنچىسى: ئەھلى كىتابتىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كېيىن ماڭا ئىمان ئېيتقان ئادەمگە، ئىككىنچىسى: ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلغان قۇلغا، ئۈچىنچىسى: بىر ئادەمنىڭ قولىدا بىر چۆرە قىز بولۇپ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلىگەن، ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلغان، ئاندىن ئۇنى نىكاھىغا ئالغان ئادەمگە». (سەھىھۇل بۇخارى 97 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 154 ـ ھەدىس)

③ يەنى ئۇلارنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇلار يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرمايدۇ، بەلكى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە كەچۈرىدۇ.

④ بۇ يەردىكى ﴿لَغۡوَ﴾ دېگەندىن مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن بولغان دىنىنى مەسخىرە قىلىش، تىللاش، ئاھانەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ بۇ يەردىكى ﴿سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ﴾ «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن»

كۆرۈشكەندىكى سالام ئەمەس، بەلكى ئارىلاشماسلىقنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بىز سىلەردەك جاھىللار بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمەيمىز. جاھىللارغا يىراقتىن سالام قىلىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىش ئەسلىدە ئۇلارغا ئارىلاشماسلىق ۋە بىللە تۇرماسلىق خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ.

إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَآءُ ۚ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿٥٦﴾ وَقَالُوٓاْ إِن نَّتَّبِعِ ٱلْهُدَىٰ مَعَكَ نُتَخَطَّفْ مِنْ أَرْضِنَآ ۚ أَوَلَمْ نُمَكِّن لَّهُمْ حَرَمًا ءَامِنًا يُجْبَىٰٓ إِلَيْهِ ثَمَرَٰتُ كُلِّ شَيْءٍ رِّزْقًا مِّن لَّدُنَّا وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٥٧﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن خالىغان ئادەمگە ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ①[56]. ئۇلار: «ئەگەر بىز سەن بىلەن بىللە توغرا يولغا ئەگەشسەك، يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلىمىز»② دېدى. بىز ئۇلارنى ئۆزىمىز تەرەپتىن رىزىق قىلىپ بېرىلگەن تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدىغان③ تىنچ ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟④ لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ [57].***

① بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەمگۇزارى ۋە ھىمايىچىسى بولغان تاغىسى ئەبۇتالىب ھەققىدە نازىل بولغان. ئەبۇتالىبنىڭ ئەجىلى توشۇپ، سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئى تاغا! بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، دېگىن. مەن بۇ شاھادەت كەلىمىسى بىلەن سېنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت قىلاي». ئۇنىڭ يېنىدا قۇرەيش كاتتىلىرى بار ئىدى، ئۇلار: ئى ئەبۇتالىب! ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈمسەن؟ دېدى. ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ئەبۇتالىب ئىمان ئېيتىشتىن مەھرۇم قالدى، كۇفرى ئۈستىدە بۇ ئالەمدىن كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن

قاتتىق پەرىشان بولدى، شۇنداق بىئارام بولۇپ تۇرغاندا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ روشەنلەشتۈرۈپ بەردىكى، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت دەۋەت قىلىش، دىننى يەتكۈزۈش ۋە يېتەكلەشتۇر، ئەمما ھىدايەت يولغا سېلىش بىزنىڭ ئىلكىمىزدىكى ئىشتۇر. ھىدايەت سەن ھىدايەت تېپىشىنى ياقتۇرىدىغان كىشىگە ئەمەس، بەلكى بىز ھىدايەت ئاتا قىلىشنى خالىغان كىشىگىلا نېسىپ بولىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 4772-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 24-ھەدىسنىڭ شەرھىسىگە قارالسۇن)

② يەنى ئەگەر بىز سەن ئېلىپ كەلگەن توغرا يولغا ئەگەشسەك، ئەتراپىمىزدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بىزگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشىدىن، ھۇجۇم قىلىشىدىن، بىزنى يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىشىدىن قورقىمىز. بەزى كاپىرلار ئىمان ئېيتماسلىقتا ئۆزرە تەرىقىسىدە مۇشۇنداق باھانىلەرنى كۆرسەتتى.

③ بۇ مەككىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ھەر يىلى مىليونلىغان ھاجىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. مەككە زىرائەت ۋە مېۋە چىقمايدىغان بىر شەھەر بولسىمۇ، ھەر خىل مېۋىلەر ھەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ ماللىرى مەككىدە تېپىلىدۇ.

④ ئاللاھ ئۇلارغا جاۋابەن بۇ سۆزنى قىلدى. دېمەك ئۇلارنىڭ بۇ ئۆزرىسى ئەقىلغا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلار تۇرىۋاتقان بۇ شەھەرنى ئەزەلدىنلا تىنچ-ئامان شەھەر قىلغان تۇرسا، ئەجەبا، ئۇلار ئۇچۇن كاپىر ھالەتلىرىدە تىنچ-خاتىرجەم بولغان بۇ شەھەر، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن خاتىرجەمسىز بولۇپ قالامدۇ؟!

وَكَمۡ أَهۡلَكۡنَا مِن قَرۡيَةِۭ بَطِرَتۡ مَعِيشَتَهَاۖ فَتِلۡكَ مَسَٰكِنُهُمۡ لَمۡ
تُسۡكَن مِّنۢ بَعۡدِهِمۡ إِلَّا قَلِيلٗاۖ وَكُنَّا نَحۡنُ ٱلۡوَٰرِثِينَ ﴿٥٨﴾ وَمَا كَانَ
رَبُّكَ مُهۡلِكَ ٱلۡقُرَىٰ حَتَّىٰ يَبۡعَثَ فِيٓ أُمِّهَا رَسُولٗا يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ
ءَايَٰتِنَاۚ وَمَا كُنَّا مُهۡلِكِي ٱلۡقُرَىٰٓ إِلَّا وَأَهۡلُهَا ظَٰلِمُونَ ﴿٥٩﴾ وَمَآ
أُوتِيتُم مِّن شَيۡءٖ فَمَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَزِينَتُهَاۚ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ
خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰٓۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٦٠﴾

***بىز ئاھالىسى كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇشتىن خۇدنى يوقاتقان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇەتتۇق، مانا بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى. ئۇلار (ھالاك بولغان) دىن كېيىن، (ئۇ جايلاردا) ئازغىنە ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا ئادەم تۇرمىدى① . بىز (ھەممە نەرسىنىڭ ھەقىقىي) ۋارىسى بولدۇق② [58]. رەببىڭ مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىگە ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇ شەھەرلەرنى ھالاك قىلغان ئەمەس③. بىز ئاھالىسى (بىزگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغان شەھەرلەردىن باشقىسىنى ھالاك قىلمىدۇق④ [59]. سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلسۇن، (ئۇ پەقەت) دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلار ئەڭ ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟⑤ [60].***

① بۇ ئايەتتە مەككە ئەھلىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇكى، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق قىلغان ۋە ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ بۇگۈن ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى خارابىلىققا ئايلاندى. تارىخ بەتلىرىدە ئۇلارنىڭ پەقەت نامىلا قالدى. ئۇلارنىڭ جايلىرىدىن ئۆتكەن يولۇچىلار ئۇ يەرلەردە بىر دەم توختىسا توختايدۇكى، ئەمما ئۇلارنىڭ شۇملۇقى ۋە پالاكىتىگە يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ھېچكىم ئۇ يەردە مۇقىم تۇرۇشنى خالىمايدۇ.

② يەنى ئۇلارنىڭ ئۆي-ماكانلىرى ۋە مال-مۈلۈكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ھېچكىم قالمىدى.

③ يەنى بىز دەلىل-پاكىت كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ھېچكىمنى ھالاك قىلمايمىز. ﴿أُمِّهَا﴾ «شەھەرلەرنىڭ مەركىزى» دېگەن سۆزدىن مەلۇم بولىدىكى، ھەر قانداق بىر چوڭ-كىچىك شەھەرگە پەيغەمبەر كەلگەن ئەمەس، بەلكى چوڭ شەھەرگە، مەركىزىي شەھەرگە پەيغەمبەر كېلىپ تۇرغان، ئەمما ئەتراپتىكى كىچىك شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلار چوڭ شەھەرگە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىم پەيغەمبەر كەلمىگەن.

④ يەنى ئۇزلىرىگە پەيغەمبەر كەلگەندىن كېيىن، ئىمان ئېيتمىغان ۋە

كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرغان شەھەر ئاھالىلىرى ھالاك قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە ھۇد 117-ئايەتتىمۇ بايان قىلىندى.

⑤ يەنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرى ۋاقىتلىق ھەم ئەرزىمەس نەرسىدۇر. ئەمما، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە ئاخىرەتتە تەييارلىغان نېمەتلەر، مۇكاپاتلار، راھەت-پاراغەتلىك تۇرالغۇلار بولسا، مەڭگۈلۈك ۋە ھەممىدىن كاتتىدۇر. سىلەر مۇشۇ ھەقىقەتنىمۇ چۈشەنمەمسىلەر؟ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە قارىغاندا پەقەت سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر بارمىقىنى دېڭىزغا چۆكۈرۈپ ئالغانچىلىك ئاز نەرسىدۇر. ئاندىن ئۇ بارمىقىغا قانچىلىك سۇ يۇققانلىقىغا قاراپ باقسۇن». (سەھىھ مۇسلىم 2858-ھەدىس)

أَفَمَن وَعَدۡنَٰهُ وَعۡدًا حَسَنٗا فَهُوَ لَٰقِيهِ كَمَن مَّتَّعۡنَٰهُ مَتَٰعَ ٱلۡحَيَوٰةِ
ٱلدُّنۡيَا ثُمَّ هُوَ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ مِنَ ٱلۡمُحۡضَرِينَ ٦١ وَيَوۡمَ يُنَادِيهِمۡ
فَيَقُولُ أَيۡنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ٦٢ قَالَ ٱلَّذِينَ حَقَّ
عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَغۡوَيۡنَآ أَغۡوَيۡنَٰهُمۡ كَمَا غَوَيۡنَاۖ
تَبَرَّأۡنَآ إِلَيۡكَۖ مَا كَانُوٓاْ إِيَّانَا يَعۡبُدُونَ ٦٣

*بىز (جەننەتتىن ئىبارەت) گۈزەل بىر ۋەدىنى قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىدىغان ئادەم بىز دۇنيا ھاياتىنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، ئاندىن قىيامەت كۈنى (ئازابقا) ھازىر قىلىنغانلار قاتارىدىن بولىدىغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟① [61] شۇ كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەر ئۆز گۇمانىڭلارچە ماڭا شېرىك دەپ قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلار قېنى؟» دەپ نىدا قىلىدۇ② [62]. ئازابقا لايىق بولغانلار③: «ئى رەببىمىز! ئەنە شۇلار بىز (سېنىڭ يولۇڭدىن) ئازدۇرغان كىشىلەردۇر④. بىز قانداق ئازغان بولساق، ئۇلارنىمۇ شۇنداق ئازدۇردۇق⑤. (ئى رەببىمىز!) بىز ئەمدى (ئۇلاردىن) ئادا - جۇدا بولۇپ ساڭا سىغىندۇق⑥. ئۇلار ئەسلىدە بىزگە چوقۇنمايتتى» دېيىشىدۇ⑦ [63].*

① «(ئازابقا) ھازىر قىلىنغانلار» جازا ۋە ئازابقا لايىق بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ۋەدىسى بويىچە جەننەت نېمەتلىرىگە ئېرىشىدۇ؛ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلار ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئېيتىپ بېقىڭلار! بۇ ئىككىسى باراۋەر بولامدۇ؟

② سىلەر دۇنيادا مېنىڭ ئىلاھلىقىمغا شېرىك كەلتۈرۈپ، مەدەت تىلىگەن ۋە نامىغا ئاتاپ نەزىر قىلغان بۇتلار ۋە شەخسلەر بۈگۈن قېنى؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم قىلالامدۇ؟ سىلەرنى مېنىڭ ئازابىمدىن قۇتقۇزالامدۇ؟ بۇ سۆز ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ئۇلارغا ئەيىبلەش ۋە مالامەت قىلىش تەرىقىسىدە دېيىلىدۇ. بۇ مەزمۇننى ئاللاھ تائالا سۈرە ئەنئام 94-ئايەتتە ۋە باشقا سۈرىلەردە بايان قىلغان.

③ يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولغانلار مەسىلەن: سەركەش شەيتانلار، شېرىككە ۋە كۇفرىلىققا چاقىرغۇچىلار دېگەندەك...

④ بۇ «كىشىلەر» كۇفرىغا، گۇمراھلىققا چاقىرغۇچىلار ۋە شەيتانلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلغان جاھىل ئاۋامنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ يەنى بىز ئۆزىمىز ئازغۇن ئىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىمۇ ئازدۇردۇق. دېمەك بىز ئۇلارنى مەجبۇرلىمىدۇق، پەقەت ئازراقلا ئىشارەت قىلىپ قويۇشىمىز بىلەن ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش گۇمراھلىقنى تاللىۋالدى.

⑥ يەنى بىز ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولدۇق، ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىمىز يوق. دېمەك ئۇ يەردە ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەر بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ.

⑦ بەلكى ھەقىقەتتە ئۇلار ئۆز نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشەتتى ۋە چوقۇناتتى. دېمەك كىشىلەر دۇنيادا چوقۇنغان مەبۇدلار قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە جايدا بايان قىلىنىدى. مەسىلەن: سۈرە ئەنئام 49-، سۈرە مەريەم 81-، 82-، سۈرە ئەھقاف 5-، 6-، سۈرە ئەنكەبۇت 25-، سۈرە بەقەرە 166-، 167-ئايەتلەر.

وَقِيلَ ٱدۡعُواْ شُرَكَآءَكُمۡ فَدَعَوۡهُمۡ فَلَمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَهُمۡ وَرَأَوُاْ

ٱلْعَذَابَۚ لَوْ أَنَّهُمْ كَانُواْ يَهْتَدُونَ ﴿٦٤﴾ وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ فَيَقُولُ مَاذَآ
أَجَبْتُمُ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٦٥﴾ فَعَمِيَتْ عَلَيْهِمُ ٱلْأَنۢبَآءُ يَوْمَئِذٍ فَهُمْ لَا
يَتَسَآءَلُونَ ﴿٦٦﴾ فَأَمَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَعَسَىٰٓ أَن
يَكُونَ مِنَ ٱلْمُفْلِحِينَ ﴿٦٧﴾ وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ وَيَخْتَارُۗ مَا كَانَ
لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُۚ سُبْحَٰنَ ٱللَّهِ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٦٨﴾

***ئۇلارغا: «(ئاللاھقا قوشۇۋالغان) شېرىكلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلىدۇ①، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چاقىرىدۇ، ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئۇلار ئازابنى كۆرىدۇ②، (شۇ چاغدا كاپىر بولغانلىقلىرىغا نادامەت قىلىپ، كاشكى، دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا) توغرا يولغا ئەگەشكەن بولساقچۇ! دېيىشىپ كېتىدۇ③ [64]. ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەرلەرگە نېمە بىلەن جاۋاپ بەردىڭلار؟»④ [65]. ئۇ كۈندە ئۇلارغا (ئۈمىد بېرىدىغان بارلىق) خەۋەرلەر قاراڭغۇ بولىدۇ، (ھەتتا) ئۇلار ئۆزئارا سورىشالمايدۇ⑤ [66]. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇ نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردىن بولىدۇ [67]. رەببىڭ خالىغىنىنى يارىتىدۇ ۋە (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، ئۇلارنىڭ تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ⑥، ئاللاھ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر [68].***

① يەنى سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا ئۇلارنى ياردەمگە چاقىرغاندەك، ئەمدى چاقىرىپ بېقىڭلار، ئۇلار سىلەرگە ياردەم قىلالامدۇ؟ ئۇلار چاقىرىدۇ. لېكىن ئۇ يەردە ھېچكىمدە مەن ياردەم قىلىمەن دېيەلىگۈدەك جۈرئەت ۋە كۈچ بولمايدۇ.

② ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ.

③ ئۇلار ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن ھىدايەتنى ئارزۇ قىلىپ ئېيتىدۇ: كاشكى دۇنيادا ھىدايەت يولىنى تاللىغان بولساق، بۈگۈنكى ئازابتىن ساقلىنىپ قالاركەنمىز. بۇ نۇقتا سۈرە كەھف 52-، 53-ئايەتلەردە بايان قىلىندى.

④ ئالدىنقى ئايەتلەردىكى سوئال تەۋھىدكە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ئىككىنچى سوئال ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنى بىز سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟ ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولغان ئىدىڭلار؟ ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغانمىدىڭلار؟ شۇنىڭدەك قەبرىدە «رەببىڭ كىم؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟» دەپ سورىلىدۇ، مۇئمىن بۇ سوراقلارغا توغرا جاۋاب بېرىدۇ، لېكىن كاپىر ئادەم: ھە-ھە؟ نېمە؟ بىلمەيمەن دەپ قاراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك قىيامەت كۈنى بۇ سوراقلارغا ھېچكىمنىڭ سۆكۈت قىلىشتىن باشقا بەرگىدەك جاۋابى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلارغا بارلىق خەۋەرلەر قاراڭغۇ بولىدۇ﴾ دېدى. يەنى ئۇ كۈندە ئۇلارغا دەلىللەر قاراڭغۇ بولىدۇ، ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە بايان قىلغۇدەك دەلىل كەلمەيدۇ. بۇ ئايەتتە دەلىللەر «خەۋەرلەر» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى ئۇلارنىڭ باتىل ئەقىدىسىنى كۈچلەندۈرىدىغان ھېچقانداق دەلىل يوقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردا ئاساسلىنىدىغان توقۇلما ھېكايە ۋە چۆچەكلەردىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. خۇددى بۈگۈنكى قەبرىگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ قولىدا ئاساسلىنىدىغان قۇرۇق كارامەت ھېكايىلىرىدىن باشقا ھېچنېمە بولمىغاندەك.

⑤ چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەھەننەمگە داخىل بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغان بولىدۇ.

⑥ يەنى پۈتۈن تاللاش ھوقۇقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدە ئەسلا تاللاش ھوقۇقى يوقتۇر.

وَرَبُّكَ يَعۡلَمُ مَا تُكِنُّ صُدُورُهُمۡ وَمَا يُعۡلِنُونَ ﴿٦٩﴾ وَهُوَ ٱللَّهُ لَآ
إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ لَهُ ٱلۡحَمۡدُ فِي ٱلۡأُولَىٰ وَٱلۡأٓخِرَةِۖ وَلَهُ ٱلۡحُكۡمُ وَإِلَيۡهِ
تُرۡجَعُونَ ﴿٧٠﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِن جَعَلَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمُ ٱلَّيۡلَ سَرۡمَدًا إِلَىٰ
يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَنۡ إِلَٰهٌ غَيۡرُ ٱللَّهِ يَأۡتِيكُم بِضِيَآءٍۚ أَفَلَا تَسۡمَعُونَ ﴿٧١﴾
قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِن جَعَلَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمُ ٱلنَّهَارَ سَرۡمَدًا إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ
مَنۡ إِلَٰهٌ غَيۡرُ ٱللَّهِ يَأۡتِيكُم بِلَيۡلٖ تَسۡكُنُونَ فِيهِۚ أَفَلَا تُبۡصِرُونَ ﴿٧٢﴾

وَمِن رَّحۡمَتِهِۦ جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ لِتَسۡكُنُواْ فِيهِ وَلِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦ

***رەببىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ [69]. ئۇ يەككە - يېگانە ئاللاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد يوقتۇر، دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ھۆكۈم چىقىرىش ئۇنىڭغىلا مەنسۇپتۇر. سىلەر پەقەتلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر [70]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،» دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كېچىنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەر (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمامسىلەر؟» [71]. ئېيتقىنكى،» دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئالىدىغان كېچىنى كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەر (بۇ ھەقىقەتنى) كۆرمەمسىلەر؟» [72]. سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (تىرىكچىلىك قىلىپ) ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن①***

① كېچە بىلەن كۈندۈز ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن كېچىنى قاراڭغۇ قىلدى. قاراڭغۇدا ھەربىر جان ئىگىسى ئۇخلاشقا ۋە ئارام ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر ھەر كىم ئارام ئالىدىغان ۋە ئۇخلايدىغان ۋاقىتنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدىغان بولسا، ھېچكىم تولۇق ئارام ئېلىشقا پۇرسەت تاپالمىغان بولاتتى. ئىنسان كۈندۈزدە ئاكتىپ ئىشلەش ۋە تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، كېچىسى ئوبدان ئۇخلاش ئىنتايىن زۆرۈر. ئىنسان كېچىسى يېتەرلىك ئۇخلىمىسا، ھاردۇقى چىقمىغانلىقتىن كۈندۈزدىكى پائالىيىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئەگەر ھەممە ئادەم بىر ۋاقىتتا ئۇخلىماي، كۈندۈزى بەزىلەر ئۇخلاپ، بەزىلەر تىرىكچىلىك بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۇيقۇ نىزامىغا دەخلى يېتىدۇ، ئۇخلىغانلارمۇ راھەت ئۇخلىيالمايدۇ، كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ

ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. دۇنيانىڭ نىزامى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشىشى ۋە ياردەملىشىشىگە موھتاجدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتنى بىر ۋاقىتتا ئارام ئالسۇن ۋە بىر-بىرىنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى يەتكۈزمىسۇن دەپ كېچىنى قاراڭغۇ قىلدى. شۇنىڭدەك ئىنسان تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىنى مۇكەممەل شەكىلدە ئېلىپ بارالىشى ئۈچۈن، كۈندۈزنى يورۇق قىلدى. ئەگەر كۈندۈز يورۇق بولمىغان بولسا، قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ھەر كىم ئوبدان بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا نېمەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئاللاھ بۇ كېچە-كۈندۈز نىزامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سىلەرگە داۋاملىق كېچىنى مۇسەللەت قىلسا، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدىغان بىر مەبۇد بارمۇ؟ ياكى سىلەرگە داۋاملىق كۈندۈزنى مۇسەللەت قىلسا، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئارام ئالىدىغان قاراڭغۇلۇقنى ئېلىپ كېلەلەيدىغان بىر مەبۇد بارمۇ؟ يوق، ئەلۋەتتە يوق. بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ چەكسىز مېھرىبانلىقىدۇركى، ئۇ كېچە بىلەن كۈندۈز ئۈچۈن شۇنداق مۇكەممەل بىر نىزام بەرپا قىلدىكى، كېچە كەلسە، كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى غايىب بولىدۇ، بارلىق مەخلۇقات ئارام ئالىدۇ. كېچە كەتسە، كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ئۈچۈق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنسانلار تىرىكچىلىكنى باشلاپ، ئاللاھنىڭ پەزلى (رىزىق) نى تەلەپ قىلىدۇ.

وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٧٣﴾ وَيَوۡمَ يُنَادِيهِمۡ فَيَقُولُ أَيۡنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ
كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ﴿٧٤﴾ وَنَزَعۡنَا مِن كُلِّ أُمَّةٖ شَهِيدٗا فَقُلۡنَا هَاتُواْ
بُرۡهَٰنَكُمۡ فَعَلِمُوٓاْ أَنَّ ٱلۡحَقَّ لِلَّهِ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٧٥﴾
۞ إِنَّ قَٰرُونَ كَانَ مِن قَوۡمِ مُوسَىٰ فَبَغَىٰ عَلَيۡهِمۡۖ

*ۋە (نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلسۇن① دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ياراتقانلىقى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىندۇر [73]. ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا نىدا قىلىپ: «سىلەر ئۆز گۇمانىڭلارچە ماڭا شېرىك*

***دەپ قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلار قېنى؟» دەيدۇ [74]. (ئۇ كۈندە) بىز ھەر ئۈممەتتىن (ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا) گۇۋاھچى② (قىلىپ) چىقىرىمىز، ئاندىن (ئۇ ئۈممەتكە): «(قېنى پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار!» دەيمىز③، ئۇلار شۇ چاغدىلا ھەقىقەتنىڭ پەقەت ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ④، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى (ساختا مەبۇدلىرى) ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولىدۇ⑤ [75]. ھەقىقەتەن قارۇن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا چوڭچىلىق (يەنى زۇلۇم) قىلدى⑥،***

① شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار) بۇ تىل بىلەن شۈكۈر قىلىشتۇر (ۋە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان مال-مۈلۈك، ئىقتىدار، تالانت، كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىتىڭلار. (بۇ ئەمەلىي شۈكۈر قىلىشتۇر)

② بۇ يەردىكى گۇۋاھچى شۇ ئۈممەتكە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر يەنى ھەر ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا گۇۋاھچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىمىز.

③ يەنى دۇنيادا مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم سىلەرنى تەۋھىدكە چاقىرىپ تۇرسىمۇ، سىلەر ماڭا شېرىك قوشۇۋالغان ئىدىڭلار، ماڭىمۇ ۋە شېرىك قوشۇۋالغان نەرسىڭلەرگىمۇ ئىبادەت قىلغان ئىدىڭلار، ئەمدى ئۇ قىلمىشىڭلارغا دەلىل-پاكىت كۆرسىتىڭلار!

④ يەنى ئۇلار گاڭگىراش ئىچىدە جىم تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ھېچقانداق دەلىل بولمايدۇ، جاۋابمۇ بېرەلمەيدۇ.

⑤ يەنى ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى ئۇلارغا ھېچقانداق مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

⑥ قارۇننىڭ ئۆز قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىغا سالغان زۇلمى شۇ ئىدىكى، ئۆزىنىڭ مال-مۈلۈكىنىڭ كۆپلىكىدىن كۆرەڭلەپ، ئۇلارنى كەمسىتەتتى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، پىرئەۋن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بىر بەگ بولۇپ، ئۆز قەۋمىگە زۇلۇم قىلاتتى.

وَءَاتَيۡنَٰهُ مِنَ ٱلۡكُنُوزِ مَآ إِنَّ مَفَاتِحَهُۥ لَتَنُوٓأُ بِٱلۡعُصۡبَةِ أُوْلِي ٱلۡقُوَّةِ
إِذۡ قَالَ لَهُۥ قَوۡمُهُۥ لَا تَفۡرَحۡۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡفَرِحِينَ ﴿٧٦﴾ وَٱبۡتَغِ
فِيمَآ ءَاتَىٰكَ ٱللَّهُ ٱلدَّارَ ٱلۡأٓخِرَةَۖ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ ٱلدُّنۡيَاۖ
وَأَحۡسِن كَمَآ أَحۡسَنَ ٱللَّهُ إِلَيۡكَۖ وَلَا تَبۡغِ ٱلۡفَسَادَ فِي ٱلۡأَرۡضِۖ إِنَّ ٱللَّهَ
لَا يُحِبُّ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٧٧﴾ قَالَ إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ عَلَىٰ عِلۡمٍ عِندِيٓۚ

***بىز ئۇنىڭغا خەزىنىلەردىن شۇنچىلىك كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇنىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى (نى كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى①، ئۆز ۋاقتىدا قەۋمى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە②، شەكسىزكى، ئاللاھ كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ③ [76]. ئاللاھ ساڭا بەرگەن (مال ـ دۇنيا) بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى ئىزدىگىن④، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن⑤، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن⑥، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى ئىستىمىگىن⑦، شەكسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ» [77]. قارۇن: «مەن بۇ بايلىققا پەقەت ئۆزۈمدىكى ئالاھىدە بىلىم بىلەن ئېرىشتىم» دېدى⑧.***

① ﴿تَنُوٓأُ﴾ «تَمِيلُ «(مايىل بولۇش، ئېگىلىش) دېگەن مەنىدە يەنى ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ قەددى ئېگىلىپ كەتكەندەك، قارۇن خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى شۇ قەدەر كۆپ ئىدىكى، ئاچقۇچلارنى كۆتۈرۈش بىر جامائە كىشىلەرگىمۇ ئەلۋەتتە ئېغىر كېلەتتى. يەنى ئۇلارنىڭ قەددىنى ئېگىۋەتكۈدەك ئېغىر ئىدى.

② يەنى مال-مۈلكىڭنىڭ كۆپلىكىدىن پەخىرلىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كەتمە. بەزى ئۆلىمالار ئۇنى بېخىللىق قىلما دەپ تەپسىر قىلغان.

③ يەنى ئاللاھ تائالا پەخىرلىنىپ كەتكۈچىلەرنى ۋە مۇتەكەببىرلەرنى ياقتۇرمايدۇ ياكى بېخىللىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

④ يەنى رەببىڭ ساڭا بەرگەن مال-دۇنيانى ئۇ ياخشى كۆرىدىغان

ئىشلارغا، ساڭا ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان ۋە ساۋاب بولىدىغان يوللارغا ئىشلەتكىن.

⑤ يەنى دۇنيانىڭ مۇباھ ئىشلىرىغا خىراجەت قىلىشتا ئوتتۇرا ھال يول تۇتقىن. دۇنيانىڭ مۇباھ ئىشلىرى قايسى؟ ئۇلار يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ - جاي، نىكاھلىنىش قاتارلىقلاردۇر. دېمەك، سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بار، شۇنىڭدەك ئۆزۈڭنىڭ، پەرزەنتلىرىڭنىڭ، ئايالىڭ، مېھمانلىرىڭنىڭ ۋە باشقىلارنىڭمۇ ھەققى بار. ھەربىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلغىن.

⑥ ئاللاھ تائالا ساڭا مال - مۈلۈك ئاتا قىلىش بىلەن ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە خەجلەپ بېرىش ئارقىلىق ياخشىلىق قىلغىن.

⑦ يەنى سېنىڭ مەقسىتىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بولمىسۇن. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە زىيان يەتكۈزۈش بولمىسۇن، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن. گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرغىن، مەزكۇر گۇناھلارنى سادىر قىلىشتىنمۇ بۇزغۇنچىلىق تارايدۇ.

⑧ قارۇن قەۋمىنىڭ نەسىھەتلىرىگە شۇنداق جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ بىر مەنىسى: «مېنىڭ پۇل تېپىشتا ئالاھىدە ئىقتىدارىم ۋە ھۈنىرىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئىگە بولدۇم، بۇنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلى - كەرىمى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟» ئىككىنچى مەنىسى: «ئاللاھ بۇ بايلىقنى مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، يەنە مېنىڭ ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن بەرگەن». ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ئىنسانلارنىڭ يەنە بىر سۆزىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئىنسانغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، بىزگە دۇئا قىلىدۇ (ئىلتىجا قىلىدۇ)، ئاندىن ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ بىرەر نېمەتىمىزنى ئاتا قىلساق، ئۇ: «بۇ نېمەت ماڭا ئۆز ئىلمىمدىن (يەنى ئۆز ئەمگىكىمدىن، تىرىشچانلىقىمدىن ۋە رىزىق تېپىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىكىمدىن) كەلدى» دەيدۇ﴾. (سۈرە زۇمەر 49 - ئايەت) ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر بىز ئۇنىڭغا كۈلپەتتىن كېيىن رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «بۇ مېنىڭ ھەققىمدۇر..» دەيدۇ﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 50 - ئايەت) يەنى مەن بۇنىڭغا ھەقلىق ئىدىم دەيدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بەزى

مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: قارۇن «تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش» ئىلمىنى بىلەتتى، ئۇ بۇ ئىلمى بىلەن شۇنداق كۆپ مال-دۇنيا توپلىغان ئىدى، لېكىن ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز پۈتۈنلەي يالغان، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ھېچكىم بىر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. قارۇننىڭمۇ ماددىلارنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق بايلىق توپلىشى مۇمكىن ئەمەس.

أَوَلَمۡ يَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ قَدۡ أَهۡلَكَ مِن قَبۡلِهِۦ مِنَ ٱلۡقُرُونِ مَنۡ هُوَ
أَشَدُّ مِنۡهُ قُوَّةً وَأَكۡثَرُ جَمۡعًاۚ وَلَا يُسۡـَٔلُ عَن ذُنُوبِهِمُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٧٨﴾
فَخَرَجَ عَلَىٰ قَوۡمِهِۦ فِي زِينَتِهِۦۖ قَالَ ٱلَّذِينَ يُرِيدُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا
يَٰلَيۡتَ لَنَا مِثۡلَ مَآ أُوتِيَ قَٰرُونُ إِنَّهُۥ لَذُو حَظٍّ عَظِيمٖ ﴿٧٩﴾

***ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان پۇل - مېلى تېخىمۇ كۆپ بولغانلارنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟① گۇناھكارلار (بەلگىلىرى ئارقىلىق تونۇلغانلىقى ئۈچۈن) گۇناھلىرىدىن سورالمايدۇ② [78]. قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى③. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى بىزگىمۇ قارۇنغا بېرىلگەندەك (بايلىق) بېرىلسىچۇ، شەكسىزكى، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ بىر نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى④ [79].***

① يەنى بىر ئادەمدە كۈچ-قۇۋۋەت ۋە پۇل-مالنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئۇنىڭ ئىمتىيازلىق ۋە پەزىلەتلىك بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئىلگىرىكى قەۋملەر ھالاك بولمىغان بولاتتى. شۇڭا، قارۇننىڭ ئۆز بايلىقى بىلەن پەخىرلىنىشى، ئۇنى تېخى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بولغانلىقىدىن دەپ دەۋا قىلىشى توغرا ئەمەس.

② يەنى گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرى ھەددىدىن زىيادە بولغاچقا، ئازابقا لايىق دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سوراق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار تۇيۇقسىز جازالىنىدۇ.

③ يەنى خىزمەتكارلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرى بىلەن چىرايلىق كىيىنگەن، ئېسىل جابدۇنغان، ئات ـ ئۇلاغلارغا مىنگەن ھالدا كاتتا ھەشەم ۋە سۆلەت بىلەن چىقتى.

④ بۇ سۆزنى دېگەنلەر كىم ئىدى؟ بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە: ئۇلار قارۇننىڭ بايلىقى ۋە سۆلىتىگە مەپتۇن بولۇپ قالغانلار ئىدى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: ئۇلار كاپىرلار ئىدى.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْعِلْمَ وَيْلَكُمْ ثَوَابُ ٱللَّهِ خَيْرٌ لِّمَنْ ءَامَنَ
وَعَمِلَ صَٰلِحًا ۚ وَلَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ٱلصَّٰبِرُونَ ﴿٨٠﴾ فَخَسَفْنَا بِهِۦ وَبِدَارِهِ
ٱلْأَرْضَ فَمَا كَانَ لَهُۥ مِن فِئَةٍ يَنصُرُونَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ
ٱلْمُنتَصِرِينَ ﴿٨١﴾ وَأَصْبَحَ ٱلَّذِينَ تَمَنَّوْا۟ مَكَانَهُۥ بِٱلْأَمْسِ يَقُولُونَ
وَيْكَأَنَّ ٱللَّهَ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ وَيَقْدِرُ ۖ

*ئىلىملىك كىشىلەر: «ئىسىت سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ (بېرىدىغان) مۇكاپاتى (ھەممىدىن) ياخشىدۇر① . ئۇنىڭغا پەقەت (تائەت ـ ئىبادەتتە) چىدامچان بولغان كىشىلەرلا ئېرىشەلەيدۇ②» دېدى [80]. نىھايەت، قارۇننى ئۇنىڭ ئۆي ـ جايى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتۇق③ . ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر جامائە بولمىدى، قارۇن ئۆزىمۇ ئۆزىنى قوغداپ قالالمىدى [81]. تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ ئورنىدا بولۇشنى④ ئارزۇ قىلغانلار: «مانا، كۆردۇڭمۇ؟ ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، (خالىغان ئادەمنىڭكىنى) تار قىلىدىكەن،*

① يەنى دىن ئىلمىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى

ئۇبدان چۈشىنىدىغان كىشىلەر دېدىكى، بۇ ھېچقانچە بايلىق ئەمەس، ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە مۆئمىن ۋە ياخشى بەندىلىرىگە تەييارلىغان مۇكاپات ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشىدۇر. ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ياخشى بەندىلىرىمگە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلىمىغان، ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان مۇكاپاتلارنى تەييارلىدىم». (سەھىھۇل بۇخارى 7498 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 189 ـ ھەدىس)

② ﴿يُلَقّٰىهَا﴾دىكى“ ھا“ ئالماش ئالدىنقى سۆزنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئەگەر ئۇ سۆزنى ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى دەپ ئالساق، ئۇ چاغدا ئالماش جەننەتنى كۆرسىتىدۇ. مەنىسى: جەننەت پەقەت دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىدىغان، ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان سەۋرچان كىشىلەرگىلا بېرىلىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

③ قارۇننى تەكەببۇرلىقى سەۋەبىدىن ئۆيى ۋە خەزىنىلىرى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئىشتىنىنى يەرگە سۆرۈلۈپ قالغۇدەك ئۇزۇن كىيىپ يۈرگەن ئىدى، (ئۇنىڭ تەكەببۇرلىقىنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمىدى) ئۇنى تۇيۇقسىز يەر يۇتۇپ كەتتى، ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە يەرنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ بارىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 5790 ـ ھەدىس)

④ ﴿مَكَانَ﴾ دېگەندە دۇنيادا كىشىلەر ۋاقىتلىق ئېرىشىدىغان دۇنيالىق دەرىجە ۋە مەرتىۋە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: قارۇن ئېرىشكەندەك. ﴿بِالْاَمْسِ﴾ تۈنۈگۈننى يەنى يېقىن ئۆتكەن زاماننى بىلدۈرىدۇ. ﴿وَيْكَاَنَّ﴾ ئەسلىدە «وَيْلَكَ إِعْلَمْ أَنَّ» بولۇپ، تىلغا ئوڭاي كەلسۇن ئۈچۈن يەڭگىللەشتۈرۈلگەن. مەنىسى: بىلىشىڭ كېرەككى، ئەپسۇسكى، ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، دېگەندەك ئىپادىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە: «أَلَمْ تَرَ» كۆرمىدىڭمۇ؟ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) شۇڭا تەرجىمىدە «مانا، كۆردۈڭمۇ؟» دەپ ئېلىنغان. دېمەك قارۇننىڭ ھەشەمەتلىك ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بايلىقىنى ئارزۇ قىلىپ قالغانلار ئۇنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋىتىنى كۆرگەن چاغدا ئېيتتىكى: كۆرمىدىڭمۇ؟ بىر ئىنسانغا بېرىلگەن بايلىق ئۇ ئىنساندىن ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرمەيدىكەن. كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ تائالا خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدىكەن، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن. دېمەك، بۇ ئىشلار

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مال-مۈلۈكنىڭ كۆپلۈكى ئاللاھنىڭ رىزالىقى؛ مال-مۈلۈكنىڭ ئازلىقى ئۇنىڭ نارازىلىقىغا دەلىل ئەمەس، نە بۇ بىراۋنىڭ پەزىلىتى، ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى باھالاش ئۆلچىمىمۇ ئەمەس.

لَوْلَآ أَن مَّنَّ ٱللَّهُ عَلَيْنَا لَخَسَفَ بِنَا ۖ وَيْكَأَنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٨٢﴾ تِلْكَ ٱلدَّارُ ٱلْءَاخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا ۚ وَٱلْعَٰقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ ﴿٨٣﴾ مَن جَآءَ بِٱلْحَسَنَةِ فَلَهُۥ خَيْرٌ مِّنْهَا ۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَى ٱلَّذِينَ عَمِلُوا۟ ٱلسَّيِّـَٔاتِ إِلَّا مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٨٤﴾

*ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان (يەنى ئازۇ قىلغىنىمىزنى بەرگەن) بولسا ئىدى، بىزنىمۇ ئەلۋەتتە يەر يۇتقان بولاتتى①، مانا كۆردۈڭمۇ؟ كاپىرلار نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىكەن»② دېيىشكە باشلىدى [82]. ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىدۇركى، بىز ئۇنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ئەڭ ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر③ [83]. كىمكى (بۇ ئاخىرەت يۇرتىغا) ياخشى ئەمەل بىلەن كېلىدىكەن، ئۇ قىلغان ئەمەلدىنمۇ ياخشىراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ④، كىمكى يامان ئىش بىلەن كېلىدىكەن، يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا پەقەت ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ⑤ [84].*

① يەنى ئەلۋەتتە بىزمۇ قارۇن دۇچار بولغان ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان بولاتتۇق.

② يەنى قارۇن ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن بايلىققا ئېرىشىپ بولۇپ، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا، تۇزكورلۇق قىلىپ، گۇناھ-مەئسىيەت يولىنى تاللىغان ئىدى. قاراڭلار! ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ ئەمدى

بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالايلى!

③ ﴿عُلُوًّا﴾ دېگەندە زۇلۇم قىلىش، ھەددىدىن ئېشىش، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ۋە ئەۋزەل دەپ قاراش، تەكەببۇرلۇق، پەخىرلىنىش، مەغرۇرلىنىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿فَسَادًا﴾ بۇزغۇنچىلىق دېگەندە كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى ناھەق يەۋېلىش ياكى چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەر ئىككى ئىشتىن زېمىندا پىتنە-پاسات، بۇزغۇنچىلىق تارايدۇ. تەقۋادارلار مەزكۇر ناچار ئىللەتلەردىن پاكتۇر. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە تەكەببۇرلۇق، سەركەشلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق بولمايدۇ. ئۇلار ئىتائەتمەن ۋە كەمتەر كېلىدۇ، شۇڭا ئاخىرەت يۇرتىدىكى ياخشى ئاقىۋەت ۋە جەننەت ئاشۇنداق تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

④ يەنى ھەر ياخشى ئەمەلنىڭ بەدىلىگە ئاز دېگەندە ئون ھەسسە كۆپ ساۋابقا شەكسىز ئېرىشىدۇ. ئاللاھ خالىسا، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ، ھەتتا يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ.

⑤ يەنى ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىغۇ نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ، كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ، ئەمما يامانلىقنىڭ جازاسى بىرگە بىر بولىدۇ. ياخشى ئەمەلگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتا ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرىمى نامايەن بولسا؛ يامانلىقنى جازالاشتا ئۇنىڭ ئادىللىقى نامايەن بولىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِى فَرَضَ عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ لَرَآدُّكَ إِلَىٰ مَعَادٍۚ قُل رَّبِّىٓ أَعْلَمُ
مَن جَآءَ بِٱلْهُدَىٰ وَمَنْ هُوَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٨٥﴾ وَمَا كُنتَ تَرْجُوٓاْ
أَن يُلْقَىٰٓ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبُ إِلَّا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَۖ فَلَا تَكُونَنَّ ظَهِيرًا
لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا قۇرئاننى (يەتكۈزۈشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات① ئەلۋەتتە سېنى قايتىدىغان يەر (مەككە)گە قايتۇرىدۇ② ، ئېيتقىنكى، «كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، كىمنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى رەببىم ئوبدان بىلىدۇ»③ [85]. سەن (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ساڭا ۋەھيى قىلىنىشىنى ئۈمىد (خىيال) قىلمىغان ئىدىڭ④ ،***

***پەقەت رەببىڭ رەھمەت قىلىپ (ساڭا ئۇنى ۋەھيي قىلدى)⑤، سەن كاپىرلارغا ياردەمچى بولمىغىن⑥ [86].***

① يەنى ساڭا قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ۋە دەۋەت قىلىشنى پەرز قىلغان زات.

② يەنى سېنى سەن تۇغۇلغان يۇرت مەككىگە قايتۇرىدۇ. سەن ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلانغان ئىدىڭ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن (سەھىھۇل بۇخارى 4773-ھەدىستە) بۇ ئايەت ھەققىدە مەزكۇر تەپسىر نەقىل قىلىندى. دېگەندەك، ھىجرەتتىن سەككىز يىل كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى مەككىگە غەلىبە-نۇسرەت بىلەن قايتا كىردى. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿مَعَادٍ﴾ «قايتىدىغان يەر» دېگەندىن قىيامەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ ئالىدۇ. يەنى سېنى قىيامەت كۈنىگە قايتۇرىدۇ ۋە سەندىن ساڭا تاپشۇرۇلغان دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى توغرىسىدا سورايدۇ.

③ بۇ ئايەت مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەقلىدىي دىنىدىن چەتنەپ گۇمراھ بولۇپ كەتتى دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، رەببىم كىمنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، مەن كەبى ئاللاھ تەرەپتىن ھىدايەت ئېلىپ كەلگەن ئادەم ئازغۇنمۇ ياكى سىلەردەك ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمايۋاتقانلارمۇ؟

④ يەنى سەن پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىنىدىغانلىقىڭنى ۋە ساڭا ئىلاھىي كىتابنىڭ نازىل قىلىنىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ۋە خىيالىڭغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئىدىڭ.

⑤ ئاللاھ تائالانىڭ سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللاپ، ساڭا كىتاب نازىل قىلغانلىقى ئۇنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان كاتتا مەرھەمىتىدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئېرىشكىلى بولىدىغان ياكى جاپالىق ئىشلەپ ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنىدىغان ۋەزىپىدۇر. ئەلمىساقتىن بېرى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىنى

پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە نائىل قىلىپ كەلگەن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى يەنى پەيغەمبەرلەر شەجەرىسىنىڭ ئاخىرقى ياپرىقى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى توختاتتى.

⑥ ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا ئاتا قىلغان بۇ كاتتا نېمىتى ۋە مەرھەمىتىگە شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن ئەمدى كاپىرلارغا ھەمىنەپەس ۋە يار-يۆلەك بولمىغىن.

وَلَا يَصُدُّنَّكَ عَنْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بَعْدَ إِذْ أُنزِلَتْ إِلَيْكَ ۖ وَٱدْعُ إِلَىٰ رَبِّكَ ۖ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٨٧﴾ وَلَا تَدْعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ ۘ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ كُلُّ شَىْءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجْهَهُۥ ۚ لَهُ ٱلْحُكْمُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٨٨﴾

***ساڭا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، (كاپىرلار) سېنى ئۇ ئايەتلەر (گە ئەمەل قىلىش)دىن توسۇپ قويمىسۇن① . (كىشىلەرنى) رەببىڭگە (يەنى ئۇنى بىر دەپ بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا) دەۋەت قىلغىن، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن بولمىغىن (يەنى ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ماسلاشمىغىن) [87]. ئاللاھقا قوشۇپ باشقا بىر (ساختا) ئىلاھقا ئىبادەت قىلمىغىن② ، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر③ ، ئاللاھنىڭ يۈزى (يەنى زاتى) دىن باشقا ھەممە نەرسە يوقالغۇچىدۇر، ھۆكۈم يەقەت ئاللاھقا خاستۇر④ ، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر⑤ [88].***

① يەنى كاپىرلارنىڭ سۆزلىرى، ساڭا ئازار بېرىشلىرى، دەۋىتىڭگە قىلغان توسقۇنلۇقلىرى سېنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش، دەۋەت ۋە تەبلىغ قىلىشتىن توسۇپ قويمىسۇن. سەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بوشىشىپ قالماستىن، ھەق يولدىن تەۋرەنمەستىن كىشىلەرنى رەببىڭنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن.

② ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىبادەت قىلمىغىن. مەيلى دۇئا قىلىش بىلەن بولسۇن، مەيلى ياخشى ئەمەلگە بەل باغلاش بىلەن

بولسۇن، مەيلى سەدىقە قىلىش ۋە قۇربانلىق قىلىش بىلەن بولسۇن، بۇ ئىبادەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. قۇرئان كەرىمدە ھەر جايدا «ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلما» دېگەن چەكلىمە ﴿لَا تَدْعُ﴾ دۇئا قىلما، چاقىرما دېگەن ئىبارە بىلەن كەلتۈرۈلىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت سەۋەبتىن تاشقىرى ئىشلاردا ئاللاھنىڭ غەيرىيگە دۇئا قىلىش، ئاللاھنىڭ غەيرىدىن مەدەت تىلەش، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئىبادەت قىلغانلار مۇشرىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

③ ﴿وَجْهَهُ﴾ (ئۇنىڭ يۈزى) دېگەندە يۈز (چىراي) سۈپىتىگە ئىگە ئاللاھنىڭ زاتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك رەببىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ﴾. (سۈرە رەھمان 26-، 27-ئايەتلەر)

④ يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئەمرىلا ئىجرا قىلىنىدۇ.

⑤ ئاندىن ئاللاھ تائالا ياخشىلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات ۋە يامانلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا جازا بېرىدۇ.

# سۈرە ئەنكەبۇت

| (٢٩) سورة العنكبوت مكية ٦٩ آية | (29) سۈرە ئەنكەبۇت مەككىدە چۈشكەن 69 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓمٓ ﴿١﴾ أَحَسِبَ ٱلنَّاسُ أَن يُتۡرَكُوٓاْ أَن يَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا وَهُمۡ لَا
يُفۡتَنُونَ ﴿٢﴾ وَلَقَدۡ فَتَنَّا ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۖ فَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ
صَدَقُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٣﴾ أَمۡ حَسِبَ ٱلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ
أَن يَسۡبِقُونَاۚ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ﴿٤﴾

***ئەلىف، لام، مىم [1]. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي قېلىۋېرىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟① [2]. بىز ھەقىقەتەن ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىمۇ سىنىغان②، ئاللاھ (ئىمانىدا) راستچىللارنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، يالغانچىلارنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىدۇ [3]. يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن (يەنى ئازابىمىزدىن) قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلامدۇ؟③ ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!④ [4].***

① يەنى ئىنسانلار تىل بىلەن ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، سىنالماي قالىدۇرىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بەلكى

چىدامىلىق چىدامىسىزدىن، راستچىل يالغانچىدىن، مۇئمىن مۇناپىقتىن ئايرىلغانغا قەدەر، ئۇلار جانلىرىغا، پۇل-ماللىرىغا يېتىدىغان كۆلپەتلەر ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق سىنىلىدۇ.

② بۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى سىنىغانغاندەك، بۇ ئۈممەتنىڭ مۇئمىنلىرىنىمۇ سىنايدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى توغرىسىدىكى ھەدىسلەردە مۇنداق كەلگەن: ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن يولۇققان زۇلۇم ۋە ئەزىيەتلەر ھەققىدە شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ ۋەقەنى خەبباب ئىبنى ئەرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، بىز: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەپ دۇئا قىلمامسەن؟ دېدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇئمىنلەرنىڭ بېشىغىمۇ ئېغىر كۈنلەر كەلگەن، كاپىرلار ئۇلاردىن بىرىنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەرىنى قويۇپ تاپىنىغىچە ھەرىدىسىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭ گۆشى بىلەن سۆڭىكىنىڭ ئارىلىقىنى تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تارىسىمۇ ئۇنى دىنىدىن قايتۇرالمايتتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، چوقۇم ئاللاھ ئىسلام دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ. ھەتتا سەنئادىن ھەزرە-مەۋتكىچە ئۇلاغلىق ماڭغان كىشىلەر ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. پەقەت قويلىرىنى بۆرە يەپ كېتىشىدىنلا قورقىدۇ. ئەمما، سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» دەپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇدى. (سەھىھۇل بۇخارى 3612-ھەدىس) ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئانىسى سۇمەييە، ئاتىسى ياسىر يەنە سۇھەيب، بىلال، مىقداد قاتارلىق ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئىمان ئېيتقانلىقى سەۋەبلىك ئېغىر كۆلپەت ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئەنە شۇ ۋەقەلەر مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ئايەتنىڭ ئومۇمىي لەۋزى ئېتىبارى بىلەن قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان مۇئمىنلەرمۇ سىنىلىدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ.

③ ئۇلار، بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالايمىز ۋە بىزنى جازالاشقا قادىر بولالمايدۇ، دەپ ئويلىدىمۇ؟

④ يەنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ ھەققىدە ئويلىغانلىرى نېمىدېگەن يامان! ھالبۇكى، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىر ۋە ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. ئىش شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئازابىدىن قېچىپ كېتىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

مَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ ٱللَّهِ فَإِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ لَأٓتٖۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلۡعَلِيمُ ٥ وَمَن جَٰهَدَ فَإِنَّمَا يُجَٰهِدُ لِنَفۡسِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ
ٱلۡعَٰلَمِينَ ٦ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُكَفِّرَنَّ عَنۡهُمۡ
سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَلَنَجۡزِيَنَّهُمۡ أَحۡسَنَ ٱلَّذِي كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٧ وَوَصَّيۡنَا
ٱلۡإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيۡهِ حُسۡنٗاۖ

***كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ① ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر② [5]. كىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزى )نىڭ پايدىسى) ئۈچۈن جىھاد قىلغان بولىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ جاھان ئەھلىدىن بىهاجەتتۇر③ [6]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم ئۆچۈرۈۋېتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز④ [7]. ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) قېتىرقىنىپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق⑤ ،***

① يەنى ئاخىرەت كۈنىگە شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى كاتتا ساۋابنى ئۈمىد قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەمنىڭ ئارزۇسىنى ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمەللىرىگە تولۇق مۇكاپات بېرىدۇ. چۈنكى قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئادالىتى شەكسىز بەرپا بولىدۇ.

② ئۇ بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ۋە دۇئالىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر.

ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن بەندىلەرنى چوقۇم مۇكاپاتلايدۇ ياكى جازالايدۇ.

③ ئۇنىڭ مەنىسى سۈرە جاسىيە 15-ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزى ئۈچۈندۇر﴾ چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن بىھاجەتتۇر. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىردەك تەقۋادارلاردىن بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تەقۋالىقى ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقى ۋە سەلتەنەتىگە كۈچ قوشالمايدۇ. ئەگەر ھەممىسى ئىتائەتسىز بولۇپ كەتسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقىدىن بىر نەرسە كەم بولۇپ قالمايدۇ. ئايەتنىڭ لەۋزى كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئومۇمەن ئۇمۇ ياخشى ئەمەللەر جۈملىسىدىندۇر.

④ يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بارلىق مەخلۇقاتتىن بىھاجەت تۇرۇقلۇق، ئۆز پەزلى-كەرىمى بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلىدۇ. بىر ياخشىلىققا ئوندىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە زىيادە ساۋاب بېرىدۇ.

⑤ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە ئايەتلەردە بەندىلىرىنى تەۋھىدكە ۋە ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا ئەمر قىلىش بىلەن بىرگە ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىمۇ تەكىتلىدى. بۇنىڭدىن شۇنداق بىر نەرسە ئايان بولىدۇكى، ئاتا-ئانىغا بويسۇنۇش ۋە خىزمىتىنى قىلىشنىڭ تەقەززاسىنى توغرا شەكىلدە چۈشىنىدىغان ۋە بەجا كەلتۈرىدىغان كىشىلەرلا تەۋھىدنىڭ تەقەززاسىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئۇنى توغرا شەكىلدە بەجا كەلتۈرەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان ئاتا-ئانىسىنىڭ قەدىر-قىممىتى، تەربىيىسى، پەرۋىشى، مېھىر-شەپقىتىنى چۈشۈنەلمىگەن ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە ئۇلارغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىنى تونۇمىغان ئادەم شەكسىزكى، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىمۇ تونۇمايدۇ، تەۋھىد ۋە ئىبادەتنىڭ تەقەززاسىنىمۇ بەجا كەلتۈرەلمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھەدىسلەردىمۇ ئاتا-ئانىغا بويسۇنۇش ۋە خىزمىتىنى قىلىش كۆپ قېتىم تەكىتلەنگەن. بىر ھەدىستە «ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتا-ئانىنىڭ رازىلىقىدا، ئاللاھنىڭ نارازىلىقى ئاتا-ئانىنىڭ نارازىلىقىدا» دەپ كۆرسىتىلگەن. (تىرمىزى 1899-ھەدىس)

وَإِن جَٰهَدَاكَ لِتُشۡرِكَ بِي مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٞ فَلَا تُطِعۡهُمَآۚ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٨ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُدۡخِلَنَّهُمۡ فِي ٱلصَّٰلِحِينَ ٩ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ فَإِذَآ أُوذِيَ فِي ٱللَّهِ جَعَلَ فِتۡنَةَ ٱلنَّاسِ كَعَذَابِ ٱللَّهِۖ

***ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن①، سىلەرنىڭ قايتىشىڭلار مەن تەرەپكىدۇر. شۇ چاغدا مەن سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن [8]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى چوقۇم سالىھلار قاتارىغا كىرگۈزىمىز② [9]. بەزى كىشىلەر: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئوخشاش قىلىۋالىدۇ (يەنى ۋايساپ كېتىدۇ ۋە ئىماندىن يېنىۋالىدۇ)③،***

① يەنى ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇسا (بۇنىڭغا باشقا گۇناھ ئىشلارمۇ كىرىدۇ)، مەجبۇرلاش يۈزىسىدىن ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللانسىمۇ، ئۇلارغا ھەرگىز ئىتائەت قىلمىغىن. چۈنكى «ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، بەندىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ». (مۇسنەد ئىمام ئەھمەد 5-توم، 66-بەت، سەھىھ ئەلبانى 179-ھەدىس)

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە سەئد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: مەن مۇسۇلمان بولغاندا ئانام ماڭا: سەن مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلمىغۇچە مەن ھېچنەرسە يېمەيمەن، سۇمۇ ئىچمەيمەن، دېدى. سەئد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئانامغا بىر نەرسە يېگۈزگەندە ئۇنىڭ ئېغىزىنى مەجبۇرىي ئېچىپ يېگۈزەتتىم. ئاندىن ئاللاھ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. (سۈنەنى تىرمىزى 3189-ھەدىس)

② ئەگەر ئاتا-ئانا مۇشرىك بولسا، مۆئمىن بالىسى قىيامەتتە ئاتا-ئانىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى سالىھلار (ياخشىلار) بىلەن بىرگە بولىدۇ. گەرچە ئۇ دۇنيادا ئاتا - ئانىسىغا ئەڭ يېقىن كىشىلەردىن بولسىمۇ. چۈنكى، «ئىنسان قىيامەت كۈنى دىنى جەھەتتە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىرگە جەم قىلىنىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 6168-ھەدىس، مۇسلىم 2640-ھەدىس) بۇنىڭغا ئاساسەن مۆئمىن پەرزەنت سالىھلار قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە مۇناپىقلار ۋە ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا بىرەر ئەزىيەت يەتسە، خۇددى بۇ ئەزىيەت ئۇلارغا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ئازابتەك بىلىنىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، سەۋر قىلماي ئىسلامدىن يېنىۋالىدۇ، كۆپ ساندىكى ئاۋامنىڭ دىنىغا قايتىدۇ.

وَلَئِن جَآءَ نَصۡرٞ مِّن رَّبِّكَ لَيَقُولُنَّ إِنَّا كُنَّا مَعَكُمۡۚ أَوَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَعۡلَمَ بِمَا فِي صُدُورِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١٠ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ ١١ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّبِعُواْ سَبِيلَنَا وَلۡنَحۡمِلۡ خَطَٰيَٰكُمۡ وَمَا هُم بِحَٰمِلِينَ مِنۡ خَطَٰيَٰهُم مِّن شَيۡءٍۖ

***ئەگەر رەببىڭدىن بىرەر مەدەت كەلسە①: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ②. ئاللاھ ھەركىمنىڭ قەلبىدىكىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان زات ئەمەسمۇ؟③ [10]. ئاللاھ مۆئمىنلەرنىمۇ (سىناقلار بىلەن) ئايرىپ چىقىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ (سىناقلار بىلەن) ئايرىپ چىقىدۇ④ [11]. (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان) كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلارغا: «بىزنىڭ يولىمىزغا ئەگىشىڭلار، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز»⑤ دېدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۆئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ.***

① يەنى ئەگەر مۇسۇلمانلارغا غەلىبە-نۇسرەت نېسىپ بولسا، ئەنە شۇ مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ.

② يەنى بىز سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلارمىز. بۇ نۇقتىنى يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) سىلەرگە ھادىسە كېلىشىنى كۈتىدۇ، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟ (كاپىرلاردىن ئالغان غەنىمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار)» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلار زەپەر تاپسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): «بىز سىلەردىن غالىب بولۇپ تۇرۇپ (سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق) ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى مۆئمىنلەردىن ساقلىمىدۇقمۇ؟» دەيدۇ﴾. (سۈرە نىسا 141-ئايەت)

③ يەنى گەرچە سىلەر تىلىڭلاردا مۇسۇلمانلار بىلەن بىر دىندا ئىكەنلىكىڭلارنى ئىزھار قىلساڭلارمۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ دىلىڭلاردا يوشۇرغان نىياقنى بىلمەمدۇ؟

④ ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى، مۆئمىننى مۇناپىقتىن ئايرىش ئۈچۈن، ھەرخىل كۈلپەت ۋە نېمەت بېرىپ سىنايدۇ. كىمكى ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلسا، ئۇ ھەقىقىي مۆئمىن بولغان بولىدۇ. كىمكى پەقەت خۇشال ۋاقتىدا ئىتائەت قىلىپ، كۈلپەت كەلگەندە باش تارتسا، ئۇ ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى ئۆز نەپسىنىڭ خۇشاللىقىغا ۋە تەلىيىگە ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (ئاللاھنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) بەرداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە (ئايرىغانغا)، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾. (سۈرە مۇھەممەد 31-ئايەت) بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالى شۇكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئېغىر سىناق ۋە ئىمتىھان بولغان ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿ئاللاھ يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆئمىندىن) ئايرىمىغۇچە مۆئمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ﴾ (سۈرە ئال ئىمران 179-ئايەت)

⑤ يەنى سىلەر بىز ھازىرغا قەدەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئاتا-

بۇۋلىرىمىزنىڭ دىنىغا قايتىڭلار، چۈنكى ئەنە شۇ توغرا دىندۇر. ئەگەر بۇ ئەنئەنىۋى دىنغا ئەمەل قىلىشتا سىلەرگە گۇناھ بولىدىغان بولسا، گۇناھىڭلار بىزنىڭ گەدىنىمىزگە يۈكلەنسۇن، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى بىز ئۈستىمىزگە ئالايلى، دېدى.

إِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٢﴾ وَلَيَحْمِلُنَّ أَثْقَالَهُمْ وَأَثْقَالًا مَّعَ أَثْقَالِهِمْ
وَلَيُسْـَٔلُنَّ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ عَمَّا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿١٣﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا
إِلَىٰ قَوْمِهِۦ فَلَبِثَ فِيهِمْ أَلْفَ سَنَةٍ إِلَّا خَمْسِينَ عَامًا فَأَخَذَهُمُ
ٱلطُّوفَانُ وَهُمْ ظَٰلِمُونَ ﴿١٤﴾ فَأَنجَيْنَٰهُ وَأَصْحَٰبَ ٱلسَّفِينَةِ وَجَعَلْنَٰهَآ
ءَايَةً لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿١٥﴾

*شەكسىزكى، ئۇلار ئويپۇچۇق يالغانچىلاردۇر① [12]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ (ئۆزى ئازدۇرغان كىشىلەرنىڭ) گۇناھلىرىنىمۇ ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ②، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە سوراققا تارتىلىدۇ [13]. شەكسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ (قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ) ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50 يىل كەم 1000 يىل تۇردى③ (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇتپەرەس بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چىنپۈتمىدى). ئۇلار (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە ئۇلارنى توپان (بالاسى) ھالاك قىلىۋەتتى [14]. بىز نۇھنى ۋە كېمىدىكىلەرنى (غەرق بولۇپ كېتىشتىن) قۇتقۇزدۇق ۋە ئۇنى پۈتۈن جاھان ئەھلىگە ئىبرەت قىلدۇق [15].*

① ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿شەكسىزكى، ئۇلار ئويپۇچۇق يالغانچىلاردۇر﴾ قىيامەت كۈنى شۇنداق بىر كۈنكى، ئۇ يەردە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ﴿ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ﴾. (سۈرە فاتىر 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ھەر قانچە يېقىن دوستلار بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى ﴿(ھەر ئادەم ئۆز

ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ﴾. (سۈرە مائارىج 10-ئايەت) ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقانلارمۇ بىر-بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ﴿گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالمايدۇ﴾. (سۈرە فاتىر 18-ئايەتنىڭ ئاخىرى) ]بۇ ئايەتتىمۇ ھېچكىم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

② يەنى كۇفرى ۋە گۇمراھلىققا چاقىرغۇچىلارغا قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىلا ئەمەس، بەلكى شۇلارنىڭ سەۋەبىدىن گۇمراھ بولغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە نەھل 25-ئايەتتە بايان قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھىدايەت يولىغا دەۋەت قىلسا، ئۇ يولغا قىيامەتكىچە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ساۋابىدىن ئازراقمۇ كېمەيتىۋېتىلمەستىن، ئۇ ئادەمگە ئۇلارنىڭ ساۋابىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. كىمكى گۇمراھلىق يولىغا چاقىرسا، ئۇ يولغا قىيامەتكىچە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ئازراقمۇ كېمەيتىۋېتىلمەستىن، ئۇ ئادەمگە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا ئوخشاش گۇناھلار يۈكلىنىدۇ». (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4609-ھەدىس، ۋە سۈنەنى ئىبنى ماجە 203-ھەدىس) مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە «بىرەر ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلسە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوغلى قابىلغا بىر كىشىلىك گۇناھ يېزىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇنجى قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈشنى باشلاپ بەرگەن ئادەمدۇر». (مۇسنەدى ئەھمەد 1-توم، 383-بەت)

③ قۇرئاننىڭ لەۋزى ئىبارىسىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى بۇ قەدەر ئۇزۇن مۇددەت تەۋھىدكە دەۋەت قىلغانلىقى مەلۇم بولىدى. ئەمما ئۇ ئۆزى تولۇق قانچە ياش ئۆمۈر كۆرگەن؟ بۇ ئېنىق ئەمەس. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭ يېشىنى مۆلچەرلەپ، پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى قىرىق يىلنى توپان بالاسىدىن كېيىنكى يەتتە يىلغا قوشۇپ، ئۈچ يىل كەم مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەن، دەيدۇ. بۇ ھەقتە باشقا بىر قانچە قاراشلار بار. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

وَإِبۡرَٰهِيمَ إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱتَّقُوهُۖ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن
كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿١٦﴾ إِنَّمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوۡثَٰنٗا وَتَخۡلُقُونَ
إِفۡكًاۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَمۡلِكُونَ لَكُمۡ رِزۡقٗا
فَٱبۡتَغُواْ عِندَ ٱللَّهِ ٱلرِّزۡقَ وَٱعۡبُدُوهُ وَٱشۡكُرُواْ لَهُۥٓۖ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿١٧﴾
وَإِن تُكَذِّبُواْ فَقَدۡ كَذَّبَ أُمَمٞ مِّن قَبۡلِكُمۡۖ

***ئىبراھىمنىمۇ (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر [16]. سىلەر ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغىلا چوقۇنۇۋاتىسىلەر ۋە يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىۋاتىسىلەر①، ھەقىقەت شۇكى، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار (يەنى بۇتلار) سىلەرگە رىزىق بېرىشكە قادىر ئەمەس. شۇڭا، سىلەر رىزىقنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار②، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر③ [17] ئەگەر سىلەر (مېنى) ئىنكار قىلساڭلار (ئىنكار قىلغانلىقىڭلار بىلەن ماڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پەقەت ئۆزۈڭلارغا زىيان يەتكۈزىسىلەر)، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان ئىدى (شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى نازىل بولغان، سىلەرگىمۇ شۇنداق ئازاب نازىل بولىدۇ)④.***

① ﴿أَوۡثَٰنٗا﴾ "وَثَنٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. خۇددى" أَصْنَامٌ، صَنَمٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغاندەك. ھەر ئىككىسى بۇت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: " صَنَمٌ " ئالتۇن، كۈمۈش، مىستىن ياسالغان بۇت ۋە تاشتىن ياسالغان ھەيكەلنى؛ «وَثَنٌ» بۇتنى يەنە گەج ۋە ھاك تېشى قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ياسالغان بۇتخانىلارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿وَتَخۡلُقُونَ إِفۡكًا﴾ «يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىۋاتىسىلەر» دېگەن مەنىدە. يەنە بىر مەنىسى «يامان غەرەزدە بۇتلارنى ياسايسىلەر ۋە نەقىشلەرنى ئويۇپ ھەيكەل شەكلىگە كىرگۈزىسىلەر». چۈشەنچە

ئېتىبارى بىلەن ھەر ئىككى مەنە توغرىدۇر. يەنى سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار تاشتىن ياسالغان، ئۇلار نە ئاڭلىيالمايدۇ، نە كۆرەلمەيدۇ، نە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر پەقەت ئۇلارغا چىن يۈرىكىڭلاردىن مەپتۇن بولۇپ قالغان. سىلەردە ئۇ بۇتلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بىر دەلىل يوق. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، سىلەر ئۇ بۇتلارنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياساپ ۋە ئويۇپ، خاس بىر شەكىلگە كىرگەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇلاردا ئىلاھىي ئىقتىدار پەيدا بولدى دەپ، ئويلايسىلەر، ئاندىن پۈتۈن ئۈمىدىڭلارنى ئۇلارغا باغلاپ، ھاجەتلىرىمىزنى راۋا قىلىدۇ، مۇشكۈللىرىمىزنى ئاسان قىلىدۇ دەپ دەۋا قىلىسىلەر.

② ھەقىقەت شۇكى، ئۇ بۇتلار سىلەرگە رىزىق يەتكۈزىدىغان ۋاستە ۋە سەۋەبلەردىن ھېچبىرىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلار يامغۇر ياغدۇرالمايدۇ، زېمىندىن زىرائەت ئۇندۇرەلمەيدۇ، قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ، ھەتتا سىلەرگە زېمىننىڭ بايلىقلىرىنى چىقىرىدىغان ماھارەت ۋە ئىقتىدارمۇ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر رىزىقنى پەقەت ئاللاھتىن تىلەڭلار، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغىلا شۈكۈر ئادا قىلىڭلار.

③ يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھى تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ، باشقا نەرسىلەرگە باش ئېگىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ، باشقىلارغا چوقۇنىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن بۇتلارنى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ۋە مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلىسىلەر؟

④ بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئېيتقان سۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى مەككە ئەھلىگە خىتاب قىلىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش يۈزىسىدىن ئېيتقان ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنى مەككە كاپىرلىرىنىڭ سېنى يالغانغا چىقارغانلىقىدىن بىئارام بولمىغىن، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش نەتىجىسىدە ھالاكەتكە دۇچار بولغان ئىدى.

وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٨﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ كَيْفَ يُبْدِئُ ٱللَّهُ

ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥٓ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿١٩﴾ قُلْ سِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ
فَٱنظُرُوا۟ كَيْفَ بَدَأَ ٱلْخَلْقَ ۚ ثُمَّ ٱللَّهُ يُنشِئُ ٱلنَّشْأَةَ ٱلْـَٔاخِرَةَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ
عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٠﴾ يُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ وَيَرْحَمُ مَن يَشَآءُ ۖ وَإِلَيْهِ
تُقْلَبُونَ ﴿٢١﴾

***پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى، دىنىنى) روشەن (چۈشىنىشلىك قىلىپ) يەتكۈزۈشتۇر»① [18]. ئۇلار (يەنى ئىنكار قىلغۇچىلار) ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى (ئويلاپ) كۆرمىدىمۇ؟② بۇ ئاللاھقا تولىمۇ ئاساندۇر③ [19]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەر زېمىننى كېزىپ، ئاللاھنىڭ (مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقلۇقتىن) قانداق بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىگە قاراپ بېقىڭلار④، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنى (قىيامەتتە) قايتا پەيدا قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [20]. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى جازالايدۇ، خالىغان ئادەمگە رەھمەت قىلىدۇ. (ئاخىر) سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر⑤ [21].***

① شۇنىڭ ئۈچۈن سەنمۇ دەۋەتنى داۋاملاشتۇرىۋەرگىن. دەۋىتىڭنى كىشىلەر قوبۇل قىلامدۇ، قىلمامدۇ، بۇ سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس. سەن بۇ ھەقتە جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن. چۈنكى، ھىدايەت بېرىش ياكى بەرمەسلىك پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى بويىچە كىمنىڭ ھىدايەتكە ئىنتىلىشى سەممىي بولسا، ئۇنىڭغا ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، قالغانلارنى گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تەرك ئېتىدۇ.

② ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا تەۋھىدنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردە كاپىرلار ئىنكار قىلىدىغان ئاخىرەتتە بەندىلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇكى، سىلەر ئىلگىرى مەۋجۇد ئەمەس ئىدىڭلار، مەۋجۇد بولمىغانلىقتىن تىلغىمۇ ئېلىنمايتتىڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى يوقلۇقتىن بارلىققا

كەلتۈردى. ئاندىن سىلەرنى ئاشلايدىغان ۋە كۆرىدىغان قىلدى. ئاندىن كېيىن سىلەر ئۆلۈپ، تۇپراققا ئايلىنىسىلەر. كۆرۈنۈشتە سىلەرنىڭ نام-نىشانىڭلار قالمايدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ.

③ بۇ ئىش سىلەرگە ناھايىتى مۇشكۇل تۇيۇلغان بىلەن، ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى ئاساندۇر. سىلەر بۇنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟ دەسلەپتە يارىتىشقا قادىر بولغان زات ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

④ كائىناتقا يېيىلغان ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىلىرىگە قاراڭلار! زېمىننىڭ قانداق يېيىلغانلىقىغا قاراڭلار! ئۇنىڭدا تاغلار، تۈزلەڭلىكلەر، دەريالار، دېڭىزلارنى ياراتتى، ئۇنىڭدا تۈرلۈك رىزىق، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى ياراتتى، بۇ يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقى ۋە ياراتقانلىقىغا دالالەت قىلمامدۇ؟

⑤ يەنى يەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى مۇتلەق ھاكىمدۇر، خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، قىلغان ئىشىدىن سوئال-سوراقمۇ قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ رەھىم قىلىشى ياكى ئازاب قىلىشى سەۋەبسىز ۋە مەقسەتسىز ئەمەس، بەلكى ئۆزى بەلگىلىگەن قانۇن ۋە پرىنسىپ بويىچە رەھىم قىلىدۇ ياكى ئازاب قىلىدۇ.

وَمَآ أَنتُم بِمُعْجِزِينَ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِى ٱلسَّمَآءِ ۖ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ
ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿٢٢﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ وَلِقَآئِهِۦٓ
أُو۟لَـٰٓئِكَ يَئِسُوا۟ مِن رَّحْمَتِى وَأُو۟لَـٰٓئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٢٣﴾ فَمَا كَانَ
جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوا۟ ٱقْتُلُوهُ أَوْ حَرِّقُوهُ

*سىلەر مەيلى زېمىندا بولۇڭلار، مەيلى ئاسماندا بولۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا بىرەر ئىگە بولغۇچىمۇ، بىرەر مەدەتكارمۇ يوق» [22]. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى (يەنى ئاخىرەتنى) ئىنكار قىلغانلار ــ ئەنە شۇلار مېنىڭ رەھمىتىمدىن ئۈمىد ئۈزگەنلەردۇر①. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب بار [23].*

*ئىبراھىم قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى (ئوتقا تاشلاپ) كۆيدۈرۈڭلار!» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى②.*

① ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى دۇنيادا ھەممىگە ئومۇمىي بولۇپ، ئۇنىڭدىن كاپىر ۋە مۇئمىن، مۇناپىق ۋە مۇخلىس، ياخشى ۋە يامان ھەممىسى باراۋەر بەھرىمەن بولىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىگە دۇنيانىڭ بايلىقلىرى، لازىمەتلىكلىرى ۋە نېمەتلىرىنى كەڭتاشا ئاتا قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ رەھمىتى ھەممە نەرسىدە نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر﴾. (سۈرە ئەئراف 156-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئەمما ئاخىرەت مۇكاپاتلىنىدىغان ياكى جازالىنىدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسان دۇنيادا نېمىنى تېرىغان بولسا، ئۇ يەردە شۇنىڭ مېۋىسىنى ئالىدۇ، دۇنيادا قانداق ئەمەل قىلغان بولسا، نەتىجىسىنى ئۇ يەردە كۆرىدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچ تەرەپكە يان باسمايدىغان ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئەگەر ئاخىرەتتىمۇ دۇنيادىكىدەك ياخشى بىلەن يامانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنسا، مۇئمىن بىلەن كاپىر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىرىنچىدىن: قىيامەتنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن: بۇ ئاللاھنىڭ ئادىللىق سۈپىتىگە لايىق ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىنى بەرپا قىلىشتىكى مەقسىتى شۇكى، ئۇ يەردە ياخشىلارنى ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى بولغان جەننەتكە كىرگۈزۈش ۋە يامانلارنى يامانلىقنىڭ جازاسى بولغان جەھەننەمگە كىرگۈزۈشتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى قىيامەت كۈنى پەقەت مۇئمىنلەرگە خاس بولىدۇ. بۇ ئايەتتىمۇ دەل شۇ نۇقتا بايان قىلىنىپ، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغانلار مېنىڭ رەھمىتىمدىن نائۇمىد بولىدۇ، يەنى ئۇلارغا مېنىڭ رەھمىتىمدىن نېسىۋە يوق، دېدى. بۇ نۇقتا سۈرە ئەئرافتا مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ﴿رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (پۇل-ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن﴾. (سۈرە ئەئراف 156-ئايەتنىڭ ئاخىرى)

② بۇ ئايەتلەردىن ئىلگىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى سۆزلىنىۋاتقان ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ داۋامى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئارىلىقتا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك-بارلىقى، قۇدرىتى قىستۇرما جۈملە شەكلىدە بايان قىلىندى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدىكى بايانلار

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى، ئۇ قەۋمىگە تەۋھىد ۋە ئاخىرەت ھەققىدە دەلىل-ئىسپاتلارنى بايان قىلغان. قەۋمى ئۇنىڭغا دەلىل بىلەن جاۋاب بېرىشتىن ئاجىز كەلگەندە چىدىماسلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا زالىملارچە قاتتىق قوللۇق بىلەن جاۋاب بەرگەن. ئۇ جاۋاب بۇ ئايەتتىكى: ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى كۆيدۈرۈڭلار، دېگەندىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوڭ بىر مەيدانغا ئوت يېقىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مەنچاناق بىلەن ئوتقا ئاتقان.

فَأَنجَىٰهُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلنَّارِۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٤﴾ وَقَالَ
إِنَّمَا ٱتَّخَذۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ أَوۡثَٰنٗا مَّوَدَّةَ بَيۡنِكُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ
ثُمَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكۡفُرُ بَعۡضُكُم بِبَعۡضٖ وَيَلۡعَنُ بَعۡضُكُم
بَعۡضٗا وَمَأۡوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٢٥﴾ ۞ فَـَٔامَنَ لَهُۥ
لُوطٞۘ وَقَالَ إِنِّي مُهَاجِرٌ إِلَىٰ رَبِّيٓۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٢٦﴾ وَوَهَبۡنَا
لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَجَعَلۡنَا فِي ذُرِّيَّتِهِ ٱلنُّبُوَّةَ وَٱلۡكِتَٰبَ

***ئاللاھ ئۇنى ئوتتىن قۇتقۇزدى① . شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [24]. ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر پەقەت بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى ئۆزئارا دوستلۇقنى دەپلا ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار② ، ئاندىن قىيامەت كۈنى بىر - بىرىڭلارنى تونۇماس بولۇۋالىسىلەر، بىر - بىرلىرىڭلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر③ ، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە ھېچبىر ياردەمچى بولمايدۇ» [25]. ئىبراھىمغا (بىرىنچى بولۇپ) لۇت ئىمان ئېيتتى④ . ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن چوقۇم رەببىم (بۇيرۇغان) تەرەپكە ھىجرەت قىلىمەن (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش يۈزىسىدىن ۋەتىنىمنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ بۇيرۇغان جايغا ھىجرەت قىلىپ بارىمەن)⑤ . ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [26]. بىز ئىبراھىمغا (ئوغلى) ئىسھاقنى، (نەۋرىسى) يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ياخشى***

*پەرزەنت ئىسھاقنى بەردۇق ۋە ئىسھاقنىڭ ئوغلى بولغان نەۋرىسى يەئقۇبنى بەردۇق). (شۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، (ساماۋى كىتابنى ئۇنىڭ نەسلى (دىن كەلگەنلەر) ئىچىدە قىلدۇق⑥،*

① يەنى ئاللاھ تائالا بۇ ئوتنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇپ، بەندىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ساقلاپ قالدى. بۇ ۋەقە سۈرە ئەنبىيادا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

② يەنى سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشنى ئاراڭلاردىكى دوستلۇقنىڭ ۋە بىرلىكنىڭ ئاساسى قىلىۋالدىڭلار. ھەتتا ئەگەر ئۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەرك ئەتسەڭلار، ئاراڭلاردىكى مىللىي بىرلىك ۋە دوستلۇق بۇزۇلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

③ يەنى قىيامەت كۈنى بىر-بىرىڭلارنى ئىنكار قىلىسىلەر، ئۇ يەردە دوستلۇقنى قايرىپ قويۇپ، بىر-بىرىڭلارنى تىللاپ، لەنەت ئوقۇيسىلەر. ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە مالامەت قىلىدۇ. ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا-جۇدا بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

④ لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ئىدى، كېيىن ئۇمۇ «سەدۇم» دېگەن جايغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدى.

⑤ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئۆز يۇرتى " كُوثِي " «كەۋسى» دېگەن جايدىن (بۇ جاي كۇفىنىڭ ھىران تەرەپتىكى بىر يۇرت ئىدى) شامغا ھىجرەت قىلدى. ئۇ يەردە ئاللاھقا خاتىرجەم ئىبادەت قىلىش قىيىن بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار بىلەن بىللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە ھەم ھىجرەت قىلدى.

⑥ يەنى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن «بەنى ئىسرائىل» يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى پەيدا بولدى. ئۇلاردىن كۆپ قەبىلىلەر بارلىققا كەلدى. كېيىنكى پەيغەمبەرلەر ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلدى. ئۇلارغا ساماۋى كىتابلار نازىل بولدى. ئاخىرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىم نازىل بولدى.

وَءَاتَيۡنَٰهُ أَجۡرَهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ٢٧
وَلُوطًا إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦٓ إِنَّكُمۡ لَتَأۡتُونَ ٱلۡفَٰحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنۡ
أَحَدٖ مِّنَ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢٨ أَئِنَّكُمۡ لَتَأۡتُونَ ٱلرِّجَالَ وَتَقۡطَعُونَ ٱلسَّبِيلَ

***ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇنىڭغا دۇنيادا بەردۇق①، شەكسىزكى، ئۇ ئاخىرەتتىمۇ ئەلۋەتتە ياخشىلار قاتارىدىن بولىدۇ② [27]. لۇتنىمۇ (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر③، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچكىم (مۇنداق قەبىھ ئىشنى) قىلغان ئەمەس [28]. سىلەر ھەقىقەتەن لىۋاتە (بەچچىۋازلىق) قىلامسىلەر؟④ يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟⑤***

① بۇ يەردىكى ﴿أَجۡرَهُۥ﴾ دېگەندىن دۇنيادىكى مۇكاپات، رىزىق ھەم ياخشى نام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى دۇنيادا ھەرقانداق بىر دىن ئەھلى (ناسارا، يەھۇدىي ۋە باشقىلار ھەتتا مۇشرىكلارمۇ) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن تىلغا ئالىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشكۈچىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى چوڭ بىلىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

② يەنى ئاخىرەتتىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە نائىل بولىدۇ، ھەمدە سالىھلار يەنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك - شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ﴾. (سۈرە نەھل 122-ئايەت)

③ بۇ يەردىكى «قەبىھ ئىش» بەچچىۋازلىقنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بۇ قەبىھ ئىشنى ھەممىدىن ئىلگىرى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قىلغان ئىدى. بۇ نۇقتىنى قۇرئان كەرىم ئوچۇق بايان قىلدى.

④ يەنى سىلەردىكى شەھۋەتپەرەسلىك شۇ قەدەر چەكتىن ئاشتىكى، ھەتتا ئۇنى تەبىئىي يول بىلەن قاندۇرۇش يېتەرلىك بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. سىلەر تەبىئىي بولمىغان يولنى تاللىدىڭلار. ئاللاھ تائالا

جىنسىي شەھۋەتنى تەبىئىي يول بىلەن قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولۇشنى يولغا قويدى. ئۇنى قويۇپ، ئەرلەرنىڭ ئارقىغا كېلىش ئەخلاق ۋە ئەنئەنىگە يات، غەيرى تەبىئىي قىلمىشتۇر.

⑤ بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، سىلەر يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى، مۇساپىرلارنى، يېڭى كەلگەنلەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارغا زورمۇ-زور بەچچىۋازلىق قىلىۋاتىسىلەر. شۇ ۋەجىدىن كىشىلەر خاتىرجەم يول يۈرەلمەيدىغان ۋە ئۆيدىن سىرتقا چىقماسلىقنى ئەمىنلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئىككىنچى مەنىسى شۇكى، سىلەر زومىگەرلىك قىلىپ يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى بۇلاپ ئېلىۋاتىسىلەر، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋاتىسىلەر ياكى ئۇلارغا تاش ئېتىۋاتىسىلەر. ئۈچىنچى مەنىسى شۇكى، سىلەر بۇ قەبىھ قىلمىشنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلىۋاتىسىلەر، بۇنىڭدىن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرمۇ نومۇس قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. دېمەك، يۇقىرىدىكىدەك قىلمىشلار سەۋەبىدىن يول توسۇلۇپ قالىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردىكى يول توسۇلۇپ قېلىشنى مۇئەييەن بىر سەۋەبكىلا باغلاش قىيىن. ئەمما، ئۇلار راستتىنلا يول توسۇلۇپ قالغۇدەك قەبىھ ئىشلارنى قىلاتتى. يولنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى دېگەندىن نەسىل داۋاملىشىدىغان يولنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى دېگەن مەنىنى ئېلىشقىمۇ بولىدۇ .يەنى سىلەر ئاياللارنىڭ ئالدىغا كېلىشنىڭ ئورنىغا ئەرلەرنىڭ ئارقىغا كېلىش بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ نەسلى داۋاملىشىدىغان يولنى توسۇپ قويامسىلەر؟ (فەتھۇلقەدىر)

وَتَأْتُونَ فِي نَادِيكُمُ ٱلْمُنكَرَۖ فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُواْ
ٱئْتِنَا بِعَذَابِ ٱللَّهِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٢٩﴾ قَالَ رَبِّ ٱنصُرْنِي
عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٣٠﴾ وَلَمَّا جَآءَتْ رُسُلُنَآ إِبْرَٰهِيمَ بِٱلْبُشْرَىٰ
قَالُوٓاْ إِنَّا مُهْلِكُوٓاْ أَهْلِ هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةِۖ إِنَّ أَهْلَهَا كَانُواْ ظَٰلِمِينَ ﴿٣١﴾
قَالَ إِنَّ فِيهَا لُوطًاۚ قَالُواْ نَحْنُ أَعْلَمُ بِمَن فِيهَاۖ لَنُنَجِّيَنَّهُۥ وَأَهْلَهُۥٓ
إِلَّا ٱمْرَأَتَهُۥ كَانَتْ مِنَ ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿٣٢﴾

*سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر؟① «ئۇنىڭ*

*قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئەگەر سەن (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرۈپ باققىن②» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى [29]. لۇت: «ئى رەببىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى③ [30]. بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا (پەرزەنت بېرىلىشتىن ئىبارەت) خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز④. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاھالىسى (گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلار ئىدى» دېدى [31]. ئىبراھىم: «ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ (يەنى لۇتقا ئوخشاش بىر ياخشى پەيغەمبەر تۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنى قانداقمۇ ھالاك قىلىسىلەر؟)» دېۋىدى. پەرىشتىلەر: «بۇ شەھەردە كىملەرنىڭ بارلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز⑤، بىز لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئەلۋەتتە قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئۇنىڭ ئايالى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ ھالاك بولغۇچىلار ئىچىدە قالىدۇ»⑥ دېدى [32].*

① بۇ يەردىكى «قەبىھ ئىشلار» قايسى ئىدى؟ بۇ ھەقتە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. مەسىلەن: كىشىلەرگە تاش ئېتىش، ياقا يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىرلارنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش، بوزەك قىلىش، ئاممىۋى سورۇنلاردا يەل قويۇپ بېرىش، باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا بەچچىۋازلىق قىلىش، شاھماتقا ئوخشاش نەرسىلەر ئارقىلىق قىمار ئويناش، ئەرلەر ئاياللارچە رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىش قاتارلىقلار ئىدى. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنى مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلمايتتى، دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەر قانداق يامان قىلمىشتىن قالمايتتى.

② لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەزكۇر مۇنكەر ۋە قەبىھ قىلمىشلاردىن چەكلىگەندە، ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۇلار مۇشۇ سۆزلەرنى دېدى.

③ يەنى لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەن چاغدا، ئاللاھ تائالادىن مەدەت تىلەپ مۇشۇنداق دۇئا قىلدى.

④ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتتى. پەرىشتىلەر ئاۋۋال ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭغا ئىسھاق

ئەلەيھىسسالام ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن بىشارەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

⑤ يەنى بىز كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ يامانلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز.

⑥ ئۇنىڭ ئايالى شەھەردە قېلىپ ئازاب بىلەن ھالاك بولغۇچىلار جۈملىسىدىن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال مۆئمىن ئەمەس ئىدى. ئۆز قەۋمىنىڭ تەرەپدارى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇمۇ ھالاك قىلىندى.

وَلَمَّآ أَن جَآءَتۡ رُسُلُنَا لُوطٗا سِيٓءَ بِهِمۡ وَضَاقَ بِهِمۡ ذَرۡعٗاۖ وَقَالُواْ لَا
تَخَفۡ وَلَا تَحۡزَنۡ إِنَّا مُنَجُّوكَ وَأَهۡلَكَ إِلَّا ٱمۡرَأَتَكَ كَانَتۡ مِنَ
ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿٣٣﴾ إِنَّا مُنزِلُونَ عَلَىٰٓ أَهۡلِ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ
بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿٣٤﴾ وَلَقَد تَّرَكۡنَا مِنۡهَآ ءَايَةَۢ بَيِّنَةٗ لِّقَوۡمٖ
يَعۡقِلُونَ ﴿٣٥﴾

***بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، لۇت (قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن) ئەنسىرەپ قايغۇغا پاتتى ۋە يۈرىكى سىقىلدى①، ئۇلار ئېيتتى: «قورقمىغىن ۋە قايغۇرمىغىن، بىز سېنى ۋە ئايالىڭدىن باشقا كىشىلىرىڭنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز②، پەقەت ئايالىڭلا ھالاك بولغۇچىلار ئىچىدە قالىدۇ» [33]. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىز چوقۇم ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرىمىز»③ [34]. ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن④ (ئىبرەت قىلىپ)، بىز بۇ شەھەر (خارابىسىنىڭ ئىزلىرى) دىن ئوپئوچۇق بىر ئالامەت قالدۇردۇق⑤ [35].***

① ﴿سِيٓءَ بِهِمۡ﴾نىڭ مەنىسى لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى بىئارام قىلىدىغان نەرسە كەلدى. قەۋمىنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقتى. چۈنكى، لۇت ئەلەيھىسسالام ئادەم سۈرىتىدە كەلگەن

پەرىشتىلەرنى ئىنسانلار دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. ئەگەر قەۋمىم بۇ چىرايلىق مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالسا، ئۇلارغا مەجبۇرى شەكىلدە چېقىلىپ، مېنى ئوسال قىلمىغىيتى دەپ قورقتى. ﴿ضَاقَ بِهِمْ ذَرْعًا﴾ ئاجىزلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىدىئوملۇق سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، " ضَاقَتْ يَدُهُ " (قولى تار بولۇش يەنى قولى قىسقا بولۇش) دېگەندەك نامراتلىقنى ئىپادىلەش ئىبارىسىگە ئوخشايدۇ. يەنى بۇ چىرايلىق مېھمانلارنى ناچار قەۋمدىن قوغداشقا ھېچقانداق چارە تاپالمىغانلىقىدىن غەمكىن بولۇپ، كۆڭلى پەرىشان بولدى.

② پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ غەمكىن ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ دېدىكى: ئەنسىرىمىگىن ۋە قايغۇرمىغىن، بىز ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن پەرىشتىلەرمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز سېنى ۋە ئائىلەڭدىن بۆلەك كىشىلىرىڭنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت.

③ بۇ يەردىكى ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن ئازاب لۇت قەۋمىنى ھالاك قىلغان ئازابنى كۆرسىتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ شەھىرىنى زېمىندىن يۇلۇپ، ئاسماننىڭ قەرىگە ئېلىپ چىقتى، ئاندىن ئۇنى دۈم كۆمتۈرۈپ تاشلىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىرىنى پاسكىنا ۋە سېسىق سۇ بىلەن تولغان كىچىك بىر دېڭىزغا ئايلاندۇردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ چۈنكى چۈشىنىدىغان قەۋم ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدۇ. سەۋەب-ئامىللارنى تەھلىل قىلىدۇ. نەتىجىسى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئەمما ئەقىل-ئىدراكتىن خالىي كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى يوق. ئۇلار بوغۇزلاش ئۈچۈن قاسساپخانىغا ئېلىپ ماڭسىمۇ، ھېچقانداق ھېس-تۇيغۇ ۋە ئىپادە بىلدۈرمەيدىغان ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىبارە يەنە، مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئەقىلسىز كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرىدەك ئىش قىلىۋاتىدۇ، دېگەننى ئۇلارغا كىنايە تەرىقىسىدە بىلدۈرىدۇ.

⑤ يەنى دۈم كۆمتۈرۈلگەن شەھەرنىڭ ئورنىدىكى ساپال-تاشلارنىڭ قالدۇقلىرى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا سېسىق سۇ ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بەلگىلەردۇر. بۇ ئىبرەت كىم ئۈچۈن؟ پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈندۇر.

وَإِلَىٰ مَدۡيَنَ أَخَاهُمۡ شُعَيۡبًا فَقَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱرۡجُواْ ٱلۡيَوۡمَ
ٱلۡأٓخِرَ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ﴿٣٦﴾ فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلرَّجۡفَةُ
فَأَصۡبَحُواْ فِي دَارِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٣٧﴾ وَعَادٗا وَثَمُودَاْ وَقَد تَّبَيَّنَ لَكُم
مِّن مَّسَٰكِنِهِمۡۖ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَعۡمَٰلَهُمۡ فَصَدَّهُمۡ عَنِ
ٱلسَّبِيلِ وَكَانُواْ مُسۡتَبۡصِرِينَ ﴿٣٨﴾

*مەديەن① (ئاھالىسىگە) گىمۇ ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ئىدۇق، شۇئەيب: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلاڭلار②، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرمەڭلار» دېدى③ [36]. ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قېلىشتى④ [37]. ئادنى ۋە سەمۇد (قەۋملىرىنىمۇ ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقى) ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدىن سىلەرگە ئوپئوچۇق مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا⑤، شەيتان ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى. ئۇلار ئەسلىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئىدى (لېكىن ئەقلىنى ئىشلەتمىدى)⑥ [38].*

① «مەديەن» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىر ئوغۇلىنىڭ ئىسمى ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە «مەديەن» ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ ئىسمى ئىدى. ئوغلىنىڭ ئىسمى مديان ئىدى. بۇ قەبىلىنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. چۈنكى قەبىلە ئاھالىسى ئۇنىڭ جەمەتىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. مانا مۇشۇ مەديەن قەبىلىسىگە شۇئەيب ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە مەديەن شەھەرنىڭ ئىسمى ئىدى. بۇ شەھەر ياكى قەبىلە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتىغا يېقىن ئىدى.

② ئۇلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئەمر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلاش ھەققىدە ئەسكەرتىش بېرىلدى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئۇلار ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئىدى ياكى ئۇلار ئاخىرەتنى ئېسىدىن

چىقىرىپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئىدى. ئاخىرەتنى ئېسىدىن چىقارغان قەۋم گۇناھ پاتقىقىغا ئۇشۇنداق پېتىپ كېتىدۇ. خۇددى ھازىرقى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش.

③ ئۇلاردا تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بېرىش، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق بەرمەسلىك ئىللىتى ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدى، يەنە ئۇلار قەبىھ گۇناھلارنى ھېچ تەپتارتماستىن قىلىۋېرەتتى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى بىلەن زېمىن پىتنە-پاساتقا تولۇپ كەتكەن ئىدى.

④ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرى ئۇلارغا تەسىر قىلمىدى. ئاخىرى بۇلۇتلار سايە تاشلىغان بىر كۈندە، جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق بىر ئاۋازى بىلەن تەڭ زېمىندا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ئېغىزلىرىغا قاپلىشىپ قالدى. بۇ دەھشەتلىك كۈننىڭ ئازابى ئۇلارنىڭ جانلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلدى. ئۇلار تۇرغان جايلىرىدا بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلغان پېتى قېتىپ قېلىشتى.

⑤ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاد يەمەننىڭ ھەزرەمەۋت دېگەن جايغا تەۋە «ئەھقاف» دېگەن شەھەردە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سەمۇد ھىجاز رايونىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «ھېجىر» دېگەن يەردە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ئەرەب كارۋانلىرى ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدىن كۆپ ئۆتۈپ تۇرغاچقا، بۇ ئىككى قەۋمنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى ئوبدان بىلەتتى.

⑥ يەنى ئۇلار ئاقىل ۋە ھوشيار قەۋم ئىدى، لېكىن دىن ئىشىغا كەلگەندە ئاقىلانە يول تۇتمىدى. ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە ھوشيارلىقى پايدا بەرمىدى.

وَقَـٰرُونَ وَفِرۡعَوۡنَ وَهَـٰمَـٰنَۖ وَلَقَدۡ جَآءَهُم مُّوسَىٰ بِٱلۡبَيِّنَـٰتِ
فَٱسۡتَكۡبَرُواْ فِى ٱلۡأَرۡضِ وَمَا كَانُواْ سَـٰبِقِينَ ﴿٣٩﴾ فَكُلًّا أَخَذۡنَا بِذَنۢبِهِۦۖ
فَمِنۡهُم مَّنۡ أَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِ حَاصِبًا وَمِنۡهُم مَّنۡ أَخَذَتۡهُ ٱلصَّيۡحَةُ
وَمِنۡهُم مَّنۡ خَسَفۡنَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ وَمِنۡهُم مَّنۡ أَغۡرَقۡنَاۚ

*(دۇنيا ـ دەپنسى نۇرغۇن) قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە (ئۇنىڭ زۇلۇمىدا ياردەمچى بولغان ۋەزىرى) ھاماننى (ھالاك قىلدۇق)، شۈبھىسىزكى، مۇسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلدى①. ئۇلار (ئازابىمىزدىن) قېچىپ كېتەلمىدى② [39]. بىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق③، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق④، بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى⑤، بەزىسىنى (مال ـ مۈلۈكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق⑥، بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق⑦.*

① كۆرسىتىلگەن مۆجىزە ۋە دەلىللەر ئۇلارغا تەسىر قىلمىدى. ئۇلار ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە تەكەببۇرلۇقتا تۇرىۋەردى. يەنى ئىمان يولىنى تاللاشتىن باش تارتتى.

② يەنى بىز ئەۋەتكەن جازادىن ئامان قالمىدى، ئازابىمىزغا دۇچار بولۇپ توختىدى. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى «ئۇلار ھەممىدىن بۇرۇن كۇفرىلىق قىلغانلار ئەمەس ئىدى» بەلكى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ كۇفرىلىق ۋە تەرسالىق يولىنى تاللىغان ئىدى.

③ يەنى بىز مەزكۇر قەۋملەرنىڭ ھەربىرىگە گۇناھلىرى سەۋەبلىك جازا بەردۇق.

④ بۇ تاش ياغدۇرۇلغانلار ئاد قەۋمى ئىدى، ئۇلارغا شىددەتلىك ناھايىتى سوغۇق بوران ئازابى كەلدى. بوران يەر يۈزىنىڭ تاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇردى. ئاخىرى بوران شۇ قەدەر شىددەتلىك چىقتىكى، ئۇلارنى يەر يۈزىدىن يۇلۇپ كېتەتتى. بوران ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنى يۇلۇپ كەتسە، ئۇنى يەردىن ئاسماننىڭ قەرىگە كۆتۈرۈپ ئاندىن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تاشلايتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېشى گەۋدىسىدىن ئايرىلىپ كېتەتتى. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ تەنلىرى قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك باشسىز ھالەتتە قالدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ بۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سەمۇد ئىدى. ئۇلارنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامدىن تەلەپ قىلغىنى بويىچە، ئۇلارغا مۆجىزە سۈپىتىدە تاشتىن تۆگە چىقىرىپ كۆرسىتىلدى. ئۇ زالىملار مۇشۇنداق شانلىق مۆجىزىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئىمان ئېيتماستىن، ئۇ تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن كېيىن، قاتتىق بىر ئاۋاز كېلىپ

ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ۋە ھەرىكەتلىرىنى جىمىقتۇرىۋەتتى.

⑥ بۇ يەرگە يۇتقۇزۇلغىنى قارۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن بايلىق ئاتا قىلىنغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىچە ھەددىدىن ئېشىپ، مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سۆيۈملۈك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ بايلىق ماڭا ئاتا قىلىندى، دەپ پەخىرلىنەتتى ھەمدە ئەمدى مۇساغا ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى سارايلىرى ۋە پۈتۈن خەزىنىلىرى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتى.

⑦ بۇ غەرق قىلىنغىنى پىرئەۋن بولۇپ، مىسىرنىڭ ھاكىمى ئىدى. لېكىن ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىنى ئىلاھ دەپ دەۋا قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە مەجبۇرىي قۇل قىلىنغان ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئازادلىق بېرىشكە ئۇنىمىدى. ئاخىرى بىر ئەتىگەندە بارلىق قوشۇنى بىلەن قۇلزۇم دېڭىزى (قىزىل دېڭىز) غا غەرق قىلىندى.

وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٤٠﴾ مَثَلُ
ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوْلِيَآءَ كَمَثَلِ ٱلْعَنكَبُوتِ ٱتَّخَذَتْ بَيْتًاۖ
وَإِنَّ أَوْهَنَ ٱلْبُيُوتِ لَبَيْتُ ٱلْعَنكَبُوتِۚ لَوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ ﴿٤١﴾ إِنَّ ٱللَّهَ
يَعْلَمُ مَا يَدْعُونَ مِن دُونِهِۦ مِن شَىْءٍۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٤٢﴾
وَتِلْكَ ٱلْأَمْثَٰلُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِۖ وَمَا يَعْقِلُهَآ إِلَّا ٱلْعَٰلِمُونَ ﴿٤٣﴾
خَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٤٤﴾

***ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى① [40]. ئاللاھنى قويۇپ باشقا نەرسىلەرنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. شەكسىزكى، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ھەقىقەتەن ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر②. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (ئاللاھتىن باشقىغا چوقۇنمايتتى) [41]. شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [42]. بۇ مىساللارنى بىز ئىنسانلار(نىڭ پايدىلىنىشى) ئۈچۈن كەلتۈرۈۋاتىمىز③. بۇلارنى پەقەت ئىلىم ئىگىلىرىلا***

***چۈشىنەلەيدۇ④ [43]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى⑤. ھەقىقەتەن بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار⑥ [44].***

① ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇ زالىملىق دېگەن سۈپەتتىن پاكتۇر. ئىلگىرىكى قەۋملەرگە كەلگەن ئازاب ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك بولىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى، مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى، گۇناھلارغا چۆمۈپ، ئۆز جانلىرىغا ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

② يەنى خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ تورى (يەنى ئۆيى) قولنىڭ يەڭگىل بىر ھەرىكىتى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدىغان، باقاسىز، ئاجىز بولغاندەك، ئاللاھ تائالانى قويۇپ باشقا نەرسىلەرنى مۇشكۇللۇكنى ئاسان قىلغۇچى، ھاجەتنى راۋا قىلغۇچى مەبۇد دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. يەنى پۇتۇنلەي پايدىسىزدۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر يەنى بۇتلار ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ غەيرىيگە چوقۇنۇش ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئېسىلغانغا ئوخشاش پايدىسىزدۇر. ئەگەر پايدىسى بولغان بولسا، ئۇ مەبۇدلار ئىلگىرىكى قەۋملەرنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالغان بولاتتى. لېكىن، تارىخ ئىسپاتلىدىكى ئۇ مەبۇدلار چوقۇنغۇچىلىرىنى ھېچقاچان قۇتقۇزالمىدى.

③ يەنى ئىنسانلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش، شېرىكتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ھىدايەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن بۇ مىساللارنى كەلتۈرۈۋاتىمىز.

④ بۇ يەردىكى «ئىلىم» دېگەندىن ئاللاھنى تونۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىم، شەرىئەت ئىلمى يەنە تەپەككۇر قىلغانلارنى ئاللاھنى تونۇشقا ۋە ھىدايەتكە باشلايدىغان ئايەت ۋە دەلىللەر ئىلمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ يەنى بىكاردىن، مەقسەتسىز ياراتمىدى.

⑥ يەنى بۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، قۇدرىتىنى، ئىلىم-ھېكمىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار. ئىنسان بۇ دەلىل ئارقىلىق «كائىناتتا بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ۋە مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچى يوق» دېگەن نەتىجىگە يېتىدۇ.

ٱتۡلُ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَۖ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِۗ وَلَذِكۡرُ ٱللَّهِ أَكۡبَرُۗ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تَصۡنَعُونَ ﴿٤٥﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) قۇرئاندىن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغىن① ۋە نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلغىن② ، شەكسىزكى، (مۇكەممەل ئادا قىلىنغان) ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ③. ئاللاھنى ياد ئېتىش (ئىبادەتلەرنىڭ) ئەڭ كاتتىسىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ④ [45].***

① قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش بىر قانچە مەقسەت ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: پەقەت ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى ۋە مۇراد-مەقسەتلىرى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن، تەلىم بېرىش، ئۆگىتىش ئۈچۈن، ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن. بۇ يەردىكى تىلاۋەت قىلىش بۇيرۇقى يۇقىرىدىكى مەقسەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

② چۈنكى (توغرا رەۋىشتە ئادا قىلىنغان) ناماز ئارقىلىق ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئارىسىدا خۇسۇسىي ئالاقە ئورنىتىلىدۇ. نەتىجىدە ئىنسانغا ھاياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا ئاللاھنىڭ ياردىمى يېتىپ تۇرىدۇ، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئىرادىسى مۇستەھكەم بولىدۇ، توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾. ) سۈرە بەقەرە 153-ئايەت (ناماز ۋە سەۋر ئېرىشىلىپ ياردەم ئالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. مەقسەت ناماز ۋە سەۋر ئارقىلىق ئىنسان رەببى بىلەن خۇسۇسىي ئالاقە ئورنىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن رەببى ئۇنى ھەربىر قەدەمدە توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە جىمجىتلىقىدا يالغۇز ھالەتتە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە بۈيۈك ھەم ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەنگەن ئىدى، ئۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ياردىمى ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ ھەر قانداق مۇشكۈللۈككە يولۇقسا، دەرھال نامـاز ئوقۇشقا ئالدىرايتتى. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 1319 ـ ھەدىس، سەھىھ جامى سەغىر 4703 ـ ھەدىس)

③ يەنى نامـاز قەبىھ ئىشلار ۋە گۇناھلاردىن توسۇلۇشقا ۋە ئۇلاردىن يىراق بولۇشقا سەۋەبچى ھەم ۋاستە بولىدۇ. خۇددى دورىلارنىڭ ھەر خىل كېسەللەرگە پايدىسى بولغاندەك. مەسىلەن: پالانى دورا پالانى كېسەلگە شىپا قىلىدۇ، دېيىلىدۇ، ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدۇ. لېكىن قاچان؟ ئىككى شەرتنى ھازىرلىغان چاغدا، بىرىنچى: دورىنى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ۋاقتىدا ۋە بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە ئىستېمال قىلغاندا. ئىككىنچى: پەرھىز تۇتقاندا. يەنى دورىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدىغان نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتقاندا، ئاندىن دورا پايدا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا نامـازدا شۇنداق روھانىي تەسىرنى پەيدا قىلغانكى، ئۇ ئىنساننى گۇناھ ۋە قەبىھ ئىشلاردىن توسىدۇ. نامازنىڭ توغرا شەكىلدە ئادا قىلىنىشى ۋە قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە كۆرسەتكەن قائىدە ۋە شەرتلەرگە رىئايە قىلىش لازىم. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە، بىرىنچى: ئىخلاس، سەمىمىيلىك. ئىككىنچى: قەلبى ساپ بولۇش. يەنى نامازدا ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسىگە كۆڭۈل بەرمەسلىك. ئۈچىنچى: جامائەت بىلەن بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئادا قىلىش. تۆتىنچى: نامازنىڭ رۇكنىلىرى بولغان قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە قاتارلىقلارنى ئادا قىلغاندا ئالدىراپ كەتمەسلىك، تەمكىن بولۇش. بەشىنچى: نامازنى كەمتەرلىك بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئادا قىلىش. ئالتىنچى: نامازنى ئىزچىل تۈردە داۋاملىق ئوقۇش. يەتتىنچى: ھالالدىن رىزىق يېيىش. بىزنىڭ نامازلىرىمىز مەزكۇر قائىدە ۋە شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، نامازنىڭ بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان تەسىرىمۇ ھاياتىمىزدا كۆرۈلمەيۋاتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەت بۇيرۇق شەكلىدە كەلگەن دەپ قارايدۇ. يەنى ئۇنىڭ مەنىسى: ناماز ئوقۇيدىغانلار قەبىھ ئىشلار ۋە گۇناھلاردىن ئۆزىنى چەكلىسۇن، دېگەن بولىدۇ.

④ گۇناھلاردىن توسۇشتا زىكىر ئېيتىشنىڭ تەسىرى نامازدىنمۇ زور بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان نامازغا تۇرسا، يامان ئىشلاردىن چەكلىنىپ

تۇرىدۇ. ئەمما نامازدىن كېيىن ئۇنىڭ تەسىرى ئاجىزلىشىدۇ. دائىم ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇش يەنى تىلى بىلەن زىكىر ئېيتىپ تۇرۇش ئىنساننى يامانلىقتىن ھەر ۋاقىت توسۇپ تۇرىدۇ.

۞ وَلَا تُجَٰدِلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ إِلَّا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡۖ وَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱلَّذِيٓ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَأُنزِلَ إِلَيۡكُمۡ وَإِلَٰهُنَا وَإِلَٰهُكُمۡ وَٰحِدٞ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ﴿٤٦﴾ وَكَذَٰلِكَ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَۚ فَٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۖ وَمِنۡ هَٰٓؤُلَآءِ مَن يُؤۡمِنُ بِهِۦۚ وَمَا يَجۡحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٤٧﴾

***(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئەھلى كىتاب بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتىلا مۇنازىرىلىشىڭلار①، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىدىيە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا②، ئېيتىڭلاركى، «بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان ئېيتتۇق③، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئۇ ئىلاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز» [46]. (ئى پەيغەمبەر!) شۇنىڭدەك (يەنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كىتاب نازىل قىلغاندەك) ساڭىمۇ كىتاب نازىل قىلدۇق، بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار④، بۇلار (يەنى ئەرەبلەر) ئىچىدىمۇ قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار⑤، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت كاپىرلارلا ئىنكار قىلىدۇ [47].***

① چۈنكى ئۇلار ئىلىم ئەھلى بولغانلىقتىن، سۆزنى چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. شۇڭا، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە قاتتىق ۋە سوغۇق گەپ قىلىش مۇناسىپ ئەمەس.

② يەنى مۇنازىرىدە ھەددىدىن ئېشىپ، قوپال سۆز قىلغانلارغا قارىتا سىلەرمۇ قاتتىق ئۇسلۇب قوللانساڭلار بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر:

«ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار» دېگەن مۇسۇلمان بولماي تۇرىۋالغان يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى كۆرسىتىدۇ، دېسە، بەزى مۇپەسسىرلەر: مۇسۇلمانلارغا قارشى يامان غەرەزدە بولغان ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقانلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئالىدۇ. دېمەك سىلەرمۇ ئۇلار مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر ياكى جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار.

③ يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئىمان ئېيتتۇق. يەنى بۇ كىتابلارمۇ ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ھەمدە ئىسلام شەرىئىتى كەلگەنگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنگە قەدەر ئىلاھىي شەرىئەت بولۇپ كەلگەن ئىدى.

④ بۇلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق مۇسۇلمان بولغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «بىز كىتاب بەرگەنلەر» دېگەندە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ. گويا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلار خۇددى كىتاب بېرىلمىگەنلەردەكتۇر.

⑤ بۇلاردىن ئىمان ئېيتقان بىر قىسىم مەككە ئەھلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

وَمَا كُنتَ تَتْلُواْ مِن قَبْلِهِۦ مِن كِتَٰبٖ وَلَا تَخُطُّهُۥ بِيَمِينِكَۖ إِذٗا
لَّٱرۡتَابَ ٱلۡمُبۡطِلُونَ ﴿٤٨﴾ بَلۡ هُوَ ءَايَٰتُۢ بَيِّنَٰتٞ فِي صُدُورِ ٱلَّذِينَ
أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَۚ وَمَا يَجۡحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٩﴾ وَقَالُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ
عَلَيۡهِ ءَايَٰتٞ مِّن رَّبِّهِۦۚ قُلۡ إِنَّمَا ٱلۡأٓيَٰتُ عِندَ ٱللَّهِ وَإِنَّمَآ أَنَا۠
نَذِيرٞ مُّبِينٌ ﴿٥٠﴾ أَوَلَمۡ يَكۡفِهِمۡ أَنَّآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ يُتۡلَىٰ
عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَرَحۡمَةٗ وَذِكۡرَىٰ لِقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٥١﴾

***سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرەر كىتاب ئوقۇپ باقمىغان ئىدىڭ①، قولۇڭ بىلەن خەتمۇ يېزىپ باقمىغان ئىدىڭ②، (مۇبادا سەن ئوقۇغان ۋە يازغان بولساڭ) ئۇ چاغدا، ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچىلار (قۇرئاننىڭ ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىدىن) چوقۇم گۇمانلىناتتى③ [48]. بەلكى بۇ (قۇرئان) ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ***

***كۆكرەكلىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر④. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت (ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بويى ئەگمەيدىغان) زالىملارلا ئىنكار قىلىدۇ [49]. ئۇلار: «نېمىشقا رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا (باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان) مۆجىزىلەر چۈشۈرۈلمىدى؟» دېدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)⑤، مەن بولسام پەقەت ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» [50]. ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى ساڭا نازىل قىلغانلىقىمىز (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟⑥ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىسىز رەھمەت ۋە نەسىھەت بار⑦ [51].***

① چۈنكى سەن ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ.

② چۈنكى خەت يېزىش ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك. سەن ئىلگىرى بىر كىمدىن ئىلىم ئۆگەنگەن ئەمەس.

③ يەنى ئەگەر سەن ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلگەن بولساڭ ياكى بىرەر ئۇستازدىن ئازراق بىر نەرسە تەلىم ئالغان بولساڭ، كىشىلەر بۇ قۇرئان كەرىم پالانچىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ياكى باشقىلاردىن ئۆگەنگەن ئىلىمنىڭ نەتىجىسى دېگەن بولاتتى.

④ يەنى قۇرئان كەرىم قارىيلارنىڭ دىللىرىدا ساقلىنىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ يەنە بىر مۆجىزىلىك تەرىپى بولۇپ، دىللاردا ئايەتمۇئايەت، سۆزمۇسۆز ساقلىنىپ قالىدۇ.

⑤ يەنى بۇ مۆجىزىلەرنى ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن بەندىلەردىن كىمگە چۈشۈرۈشنى لايىق كۆرسە، شۇنىڭغا چۈشۈرىدۇ. بۇ تاللاش ئىختىيارى پەقەت ئاللاھقا خاستۇر.

⑥ يەنى ئۇلار مۆجىزە تەلەپ قىلامدۇ؟ بىز ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئۇلارغا يېتەرلىك مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ ئۇلارغا بۇنىڭغا ئوخشاش بىر قۇرئان ھەتتا بىرەر سۈرە بولسىمۇ، كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، دەپ جەڭ ئېلان قىلىنغان. ئۇلار بىر سۈرە كەلتۈرۈشتىنمۇ ئاجىز كەلگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار مۆجىزىگە تولغان مۇشۇنداق قۇرئان كەرىمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئىمان

ئېيتمىغان يەردە، مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا بېرىلگەندەك مۆجىزىلەر كۆرسىتىلسە ئىمان ئېيتامدۇ؟

⑦ يەنى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى تەستىقلايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن رەھمەت ۋە نەسىھەت بار. چۈنكى، ئەنە شۇنداق كىشىلەرلا ئۇنىڭغا قۇلاق سالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بەھرە ئالىدۇ.

قُلْ كَفَىٰ بِٱللَّهِ بَيْنِى وَبَيْنَكُمْ شَهِيدًا ۖ يَعْلَمُ مَا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ ۗ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱلْبَـٰطِلِ وَكَفَرُوا۟ بِٱللَّهِ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ
ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿٥٢﴾ وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِٱلْعَذَابِ وَلَوْلَآ أَجَلٌ مُّسَمًّى
لَّجَآءَهُمُ ٱلْعَذَابُ ۚ وَلَيَأْتِيَنَّهُم بَغْتَةً وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٥٣﴾ يَسْتَعْجِلُونَكَ
بِٱلْعَذَابِ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةٌۢ بِٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٥٤﴾

*ئېيتقىنكى، «مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىمگە) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر① ، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. باتىلغا ئىشەنگەن، ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار② ــ ئەنە شۇلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردۇر»③ [52]. ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ④ ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن) ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقىت بولمىسا ئىدى، ئازاب ئەلۋەتتە ئۇلارغا (تەلەپ قىلغان ۋاقتىدىلا) كەلگەن بولاتتى⑤ ، ئۇ ئازاب ئۇلارغا چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ⑥ [53]. ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، (ئۇلار شۇنى بىلىپ قويسۇنكى) جەھەننەم (مۇنداق) كاپىرلارنى چوقۇم قورشاپ تۇرغۇچىدۇر⑦ [54].*

① مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە، ماڭا نازىل قىلىنغان كىتاب ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەنلىكىگە ئاللاھ ئۆزى يېتەرلىك گۇۋاھتۇر.

② يەنى ئاللاھتىن باشقىنى ئىبادەتكە لايىق دەپ دەۋا قىلغانلار، ھەقىقىي ئىبادەتكە لايىق زات ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

③ چۈنكى بۇلار ئەقلىدىن ئازغان ۋە خاتا چۈشەنچىگە مۇپتىلا بولغان كىشىلەردۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئىماننىڭ بەدىلىگە كۇفرىنى، ھىدايەتنىڭ بەدىلىگە گۇمراھلىقنى تېگىشىپ، قىلغان سودىسىدا زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

④ يەنى ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى تەستىقلاشنىڭ ئورنىغا، ئەگەر راستچىل بولساڭ، بىزگە ئازاب نازىل قىلدۇرغىن، دەيدۇ.

⑤ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە سۆزلىرى سەۋەبىدىن ئەلۋەتتە ئۇلارغا دەرھال ئازاب ئەۋەتىلىپ، زېمىن يۈزىدىن يوق قىلىنىشقا لايىق. لېكىن، بىزنىڭ قانۇنىيىتىمىزدە ھەربىر قەۋمگە مەلۇم مۇددەتكىچە مۆھلەت بېرىلىدۇ. بۇ مۆھلەتنىڭ مۇددىتى توشقان ھامان، ئازابىمىز ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ.

⑥ يەنى ئازابنىڭ كېلىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا، ئازاب ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ، ئۇلار بىلمەيلا قالىدۇ. مەككە ئەھلى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت بەدرى غازىتىدا ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئەسىرگە ئېلىنىشى ئىدى. يەنە بىر بەلگىلەنگەن ۋاقىت بولسا، قىيامەتنىڭ بولۇشىدۇر. ئۇ چاغدا كاپىرلارغا ئازابتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

⑦ باشتىكى ﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ﴾ دېگەن ئىبارە خەۋەر شەكلىدە كەلگەن ئىدى. ئىككىنچىسى ھەيرانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلدى يەنى ئەجەبكى، ئازاب بولىدىغان جاي (جەھەننەم) ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان تۇرسىمۇ، ئۇلار ئازابنىڭ تېزراق كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتامدۇ؟ ھالبۇكى، ھەرقانداق كېلىۋاتقان نەرسە يېقىن بولىدۇ. ئۇلار نېمىشقا ئۇنى يىراق دەپ ئويلايدۇ؟ ياكى بۇ ئىبارە تەكىتلەش ئۈچۈن تەكرار كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يَوۡمَ يَغۡشَىٰهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِن فَوۡقِهِمۡ وَمِن تَحۡتِ أَرۡجُلِهِمۡ وَيَقُولُ
ذُوقُواْ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٥٥﴾ يَٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ أَرۡضِي

وَٰسِعَةٌ فَإِيَّٰيَ فَٱعۡبُدُونِ ﴿٥٦﴾ كُلُّ نَفۡسٍ ذَآئِقَةُ ٱلۡمَوۡتِۖ ثُمَّ إِلَيۡنَا
تُرۡجَعُونَ ﴿٥٧﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُبَوِّئَنَّهُم مِّنَ
ٱلۡجَنَّةِ غُرَفٗا تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ نِعۡمَ أَجۡرُ
ٱلۡعَٰمِلِينَ ﴿٥٨﴾ ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٥٩﴾ وَكَأَيِّن مِّن
دَآبَّةٖ

*ئۇ كۈندە ئازاب ئۇلارنى ھەم ئۈستىدىن ھەم ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئورىۋالىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا: «(دۇنيادىكى) قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» دەيدۇ① [55]. ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! شەكسىزكى، مېنىڭ زېمىنىم كەڭدۇر، شۇڭا سىلەر (نەدە بولساڭلار) ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار② [56]. ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر③ [57]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەت سارايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز④، ئۇلار ئۇ جايلاردا مەڭگۈ تۇرىدۇ⑤. (ياخشى) ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى! [58]. ئۇلار (تائەت ـ ئىبادەتتە) چىداملىق بولغان⑥ ۋە (ھەممە ئىشلىرىدا) رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر⑦ [59]. (يەر يۈزىدە) نۇرغۇن ھايۋانلار باركى⑧،*

① بۇ سۆزنى دېگۈچى ئاللاھ تائالا ياكى پەرىشتىلەردۇر. يەنى بۇ سۆز ئۇلارغا تۆت تەرەپتىن ئازاب بولۇۋاتقان چاغدا دېيىلىدۇ.

② بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە دىنىنى ساقلاپ قىلىش مۇشكۇل بولغان يۇرتتىن ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇق بار. ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ساھابىلەر مەككىدىن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ئىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

③ يەنى ئۆلۈمنىڭ ئاچچىق تەمىنى ھەربىر جان ئىگىسى تېتىماي قالمايدۇ. يەنى ھىجرەت قىلساڭلارمۇ ياكى قىلمىساڭلارمۇ ھامان ئۆلۈم

كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە ۋەتەندىن ئايرىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن ئايرىلىش، دوست-بۇرادەرلەرنى تەرك ئېتىش ئېغىر كەلمىسۇن. قەيەردە بولساڭلار ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ. ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ تۇرۇپ ئۆلسەڭلار، ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشىش بىلەن خۇشال بولىسىلەر. چۈنكى، ئۆلگەندىن كېيىن ھامان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر.

④ جەننەت ئەھلى ئاستىدىن سۇ، شاراب، ھەسەل، ۋە سۈتتىن ئىبارەت ھەر خىل ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېگىز تۇرالغۇ جايلاردا بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئۆستەڭلەرنى خالىغان تەرەپكە ئاقتۇرۇپ ئىشلىتەلەيدۇ.

⑤ ئۇلاردا بۇ نېمەتلەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش بولمايدۇ. ئۇ يەردە نە ئۆلۈم ئەندىشىسى، نە بىر جايغا كۆچۈپ كېتىش ئېھتىمالى بولمايدۇ.

⑥ يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزالىقىنىلا كۆزلەپ دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشتا سەۋر قىلغان، ھىجرەتنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىق بەرگەن، ئائىلىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، دوست-يارەنلىرىدىن ئايرىلىشتىكى جۇدالىق ئازابىغا سەۋر قىلغانلاردۇر.

⑦ ئۇلار دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشلىرىدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىغانلاردۇر.

⑧ ﴿كَأَيِّنۡ﴾دىكى كاف ئوخشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ﴿أَيِّنۡ﴾نىڭ مەنىسى قايسى بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ «نۇرغۇن، كۆپلىگەن ياكى قانچىلىغان» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

لَّا تَحۡمِلُ رِزۡقَهَا ٱللَّهُ يَرۡزُقُهَا وَإِيَّاكُمۡۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٦٠﴾
وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّنۡ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ
وَٱلۡقَمَرَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۖ فَأَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٦١﴾ ٱللَّهُ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن
يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦ وَيَقۡدِرُ لَهُۥٓۚ

*ئۇلار ئۆز رىزقىنى يېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ①، ئۇلارنىمۇ،*

*سىلەرنىمۇ ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ②، ئاللاھ (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر③ [60]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇپ بەردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ④، ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟⑤ [61]. ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان كىشىگە) تار قىلىپ بېرىدۇ⑥،*

① نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى ھەم زاپاسلاپ ساقلىۋالالمايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، رىزىق مەخسۇس بىر ئورۇنغا خاس ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن رىزىق بارلىق مەخلۇقاتقا ئومۇمىي بولۇپ، قانداق مەخلۇق بولسۇن ۋە قەيەردە بولسۇن، ئاللاھ رىزقىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا يۇرتلىرىنى تاشلاپ، ھىجرەت قىلىپ كەتكەن ساھابىلەرگە ئىلگىرىكىدىنمۇ زىيادە، كەڭ ۋە پاك رىزىق ئاتا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى بىر مەزگىلدىن كېيىن، باشقا ئەرەب يۇرتلىرىغا ھاكىم قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن.

② يەنى ئاجىز بولسۇن، كۈچلۈك بولسۇن، ھەر خىل ھۈنەر، كەسىپ ۋە ماھارەتلەرگە ئىگە بولسۇن ياكى ئىگە بولمىسۇن، ئۆزى ۋەتىنىدە بولسۇن ياكى ھىجرەتتە بولسۇن ھەممىنىڭ رىزقىنى ئاللاھ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق مەخلۇققا ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىدا رىزىق بېرىدۇ. ھەتتا چۈمۈلىلەرگە يەردىكى تۆشۈكلەردە، ئۇچار - قاناتلارغا ھاۋادا، سۇدا ياشايدىغان جانلىقلار ۋە بېلىقلارغا دېڭىزنىڭ ئاستىدا رىزقىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. دېمەك پېقىرلىق ۋە مۇھتاجلىق ئەندىشىسى ھىجرەت قىلىشىڭلارغا توسالغۇ بولمىسۇن. چۈنكى، سىلەرنىڭ ۋە بارلىق مەخلۇقاتنىڭ رىزقىغا ئاللاھ تائالا ئۆزى كېپىلدۇر.

③ يەنى ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي ئىش-ھەرىكەتلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا، پەقەت ئۇنىڭدىنلا قورقۇڭلار! ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماڭلار! بەخت-سائادەتكە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شاقاۋەت ۋە بەختسىزلىك ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماسلىقتىن كېلىدۇ.

④ يەنى مۇسۇلمانلارغا ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئەزىيەت يەتكۈزۈۋاتقان مۇشرىكلاردىن «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن، كۈننى ۋە ئاينى ئۆزىنىڭ ئوربىتىسىدا ئايلاندۇرىۋاتقان كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىنى ۋۇجۇتقا چىقارغۇچىنىڭ بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنى ئېتىراپ قىلماي چارىسى يوقتۇر.

⑤ يەنى دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرۈپ ۋە ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپمۇ، ھەقتىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىك ھەقىقەتەنمۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشتۇر.

⑥ بۇ ئايەت مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا «ئەگەر سىلەر ھەقنىڭ ئۈستىدە بولساڭلار، نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل؟» دېگەن ئېتىراز سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىدۇ. يەنى رىزىقنىڭ كەڭ ۋە تار بولۇشى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇ ئۆز ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بويىچە خالىغان كىشىگە كۆپ رىزىق بېرىدۇ، خالىغان كىشىگە ئاز رىزىق بېرىدۇ. رىزىقنى ئاز بېرىش ياكى كۆپ بېرىش ئۇنىڭ رىزالىقى ياكى غەزىپى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴿٦٢﴾ وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّن نَّزَّلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ
مَآءً فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ مِنۢ بَعْدِ مَوْتِهَا لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۚ قُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ۚ
بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ﴿٦٣﴾ وَمَا هَٰذِهِ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا لَهْوٌ
وَلَعِبٌ ۚ وَإِنَّ ٱلدَّارَ ٱلْءَاخِرَةَ لَهِىَ ٱلْحَيَوَانُ ۚ لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ﴿٦٤﴾ فَإِذَا
رَكِبُوا۟ فِى ٱلْفُلْكِ دَعَوُا۟ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ فَلَمَّا نَجَّىٰهُمْ إِلَى ٱلْبَرِّ
إِذَا هُمْ يُشْرِكُونَ ﴿٦٥﴾

***ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر① [62]. ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا***

***ئاللاھقا خاستۇر»، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى ئەقلسىزدۇر② [63]. بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت بىخۇتلۇق ۋە ئويۇن - تاماشادىنلا ئىبارەتتۇر③، شەكسىزكى، ھەقىقىي ھاياتلىق ئاخىرەت يۇرتىدىكى ھاياتلىقتۇر④. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) بىلسە ئىدى (دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكىدىن ئارتۇق كۆرمىگەن بولاتتى)⑤ [64]. ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، دىنىنى ئاللاھقا خاس قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئامان - ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا بولسا (بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھنى ئۇنتۇپ)، ئۇلار شۇ ھامان (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرىدۇ⑥ [65].***

① زىيادە رىزىقنىڭ كىم ئۈچۈن ئوبدان، كىم ئۈچۈن ئوبدان ئەمەسلىكىنىمۇ ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

② چۈنكى ئەقىل بولغاندا بۇتلارنى ۋە ئۆلۈكلەرنى ئۆز رەببىگە شېرىك قىلىۋالمايدۇ. ئەقىل بولغاندا ئاللاھ تائالانى ياراتقۇچىم ۋە رەببىم دەپ ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. يەنى بۇتلارنى ئىبادەت قىلىشقا لايىق، ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلمايدۇ.

③ يەنى ئۇلارنى ئاخىرەتنى كۆرۈشتىن كور قىلىپ قويغان ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىشتىن غاپىل قىلىپ قويغان دۇنيا ھاياتى قىسقىغىنا ئويۇن - تاماشادىن باشقا نەرسە ئەمەس. كاپىر دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراشلا يۈرۈيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز مېھنەت قىلىدۇ. ئەمما ئۆلگەندە بولسا، قۇرۇق قول كېتىدۇ. خۇددى كىچىك بالا كەچكىچە توپىدا لاي ئېتىپ ئويناپ، ئاخشىمى ئۆيگە قۇرۇق قول قايتىپ كېلىپ، ھارغىنلىقتىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەندەك.

④ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە پايدىسى بولىدىغان، قەبرىنى نۇرغا تولدۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى تاللاپ قىلىش لازىم.

⑤ ئەگەر ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئاخىرەتكە بېپەرۋالىق بىلەن قارىمىغان بولاتتى. دۇنيادا گۇمراھلىق يولىنى تاللىمىغان بولاتتى. شۇڭا، ئۇلارغا پايدا بېرىدىغان نەرسە ئىلىمدۇر يەنى شەرىئەت ئىلمىدۇر.

⑥ مۇشرىكلارنىڭ مۇشۇنداق زىددىيەتلىك پوزىتسىيەلىرىنى قۇرئان كەرىم بىر نەچچە جايدا بايان قىلدى. بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇ مۇشرىك ۋاقتىدا مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا چۈشۈپ قىلىشتىن قورقۇپ، مەككىدىن قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ھەبەشىستانغا بارماقچى بولۇپ كېمىگە چىقتى. كېمە قاتتىق دولقۇن ئىچىدە قالغان چاغدا، كېمىدىكى كىشىلەر بىر-بىرىگە: ھەممىڭلار رەببىڭلارغا سەممىيلىك بىلەن دۇئا قىلىڭلار، بۇ دېڭىزدا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نىجاتكار يوق، دېيىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز-ئۆزىگە: ئەگەر بۇ دېڭىزدا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم نىجاتلىق بېرەلمەيدىغان بولسا، قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم نىجاتلىق بېرەلمەيدۇ، دېدى. شۇ پەيتتە ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ئەگەر مۇشۇ دېڭىزدىن سالامەت ساھىلغا چىقىۋالسام، چوقۇم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىمەن، يەنى مۇسۇلمان بولىمەن، دەپ ئەھدە قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قۇرۇقلۇققا بىخەتەر چىقىپلا ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن. (تەپسىر ئىبنى كەسىرنىڭ سىيرەت مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتىن ئالغان نەقلىدىن پارچە)

لِيَكۡفُرُواْ بِمَآ ءَاتَيۡنَٰهُمۡ وَلِيَتَمَتَّعُواْۖ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿٦٦﴾ أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ
أَنَّا جَعَلۡنَا حَرَمًا ءَامِنٗا وَيُتَخَطَّفُ ٱلنَّاسُ مِنۡ حَوۡلِهِمۡۚ أَفَبِٱلۡبَٰطِلِ
يُؤۡمِنُونَ وَبِنِعۡمَةِ ٱللَّهِ يَكۡفُرُونَ ﴿٦٧﴾ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى
ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ كَذَّبَ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُۥٓۚ أَلَيۡسَ فِي جَهَنَّمَ مَثۡوٗى
لِّلۡكَٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾

*ئۇلار بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزگە تۇزكورلۇق قىلىش ئۈچۈن، (نېمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ)①، ئۇلار (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) يېقىندا بىلىپ قالىدۇ [66]. ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى (يەنى مەككىنى چېقىلىشقا بولمايدىغان) ئامان (جاي) قىلىپ بەردۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ*

*ئەتراپىدىكى ئىنسانلار (قاراقچىلار تەرىپىدىن) ئېلىپ قېچىلىۋاتىدۇ② . ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلامدۇ؟③ [67] . ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان④ ياكى ھەقىقەت كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟⑤ جەھەننەمدە (بۇنداق) كاپىرلارغا جاي يوقمۇ؟ (ئەلۋەتتە بار) [68].*

① بۇ يەردىكى «لام» سەۋەبنى بىلدۇرۇپ كەلگەن. يەنى ئۇلارنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش ۋە دۇنيا لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇلار تۇزكورلۇق قىلمىغان بولسا، سەممىي مەۋقەدە تۇراتتى ۋە ئىزچىل تۈردە بىر ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلاتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ «لام» نى ئاقىۋەتنى بىلدۇرۇپ كەلگەن دەپ قارايدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ مەقسىتى تۇزكورلۇق قىلىش ئەمەس ئىدى، ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى غەرق بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ئۇلارنى تۇزكورلۇققا ئېلىپ باردى، چۈنكى شېرىكنىڭ ئاقىۋىتى ۋە نەتىجىسى ھامان كۇفۇرلۇق ۋە تۇزكورلۇق بولىدۇ.

② ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مەككە ئەھلىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ۋە ياخشىلىقلىرىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. يەنى بىز ھەرەمنى كىشىلەر خاتىرجەم ياشايدىغان بىخەتەر جاي قىلدۇق. ھەرەم دائىرىسىدە ياشايدىغانلار ئۇرۇش-جېدەل، قىرغىنچىلىق، ئەسىر بولۇش، بۇلاڭ-تالاڭ قاتارلىقلاردىن خالىي، ئەمىنلىك ئىچىدە تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ھەرەمنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەب يۇرتلىرىدا داۋاملىق ئۇرۇش-جېدەل بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرۇش ئادەتتىكى بىر ئەھۋالغا ئايلانغان.

③ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇ نېمەتلەرگە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، بۇتلارغا چوقۇنۇش بىلەن شۈكۈر قىلامدۇ؟ ۋەھالەنكى، نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۇلاردىن بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تەستىق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

④ يەنى بىر ئادەم دەۋا قىلىپ ئۆزىچە: ماڭا ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھىي نازىل قىلىندى دېسە، ۋەھالەنكى، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە نازىل قىلىنمىغان بولسا ياكى بىر ئادەم: مەنمۇ ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىگە ئوخشاش

نەرسىنى نازىل قىلالايمەن، دېسە، بۇ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغانلىق بولىدۇ. ئۇنداق دەۋا قىلغۇچى ئاللاھقا بوھتان چاپلىغۇچى بولىدۇ.

⑤ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئادەم ئۇنى يالغانغا چىقارغۇچى بولىدۇ. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەم كاپىردۇر. ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر.

وَٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ فِينَا لَنَهۡدِيَنَّهُمۡ سُبُلَنَاۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَمَعَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٦٩

***بىز ئۈچۈن جىھاد قىلغانلارنى① ئەلۋەتتە يولىمىزغا② يېتەكلەيمىز، شەكسىزكى، ئاللاھ (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلار③ بىلەن بىللىدۇر [69].***

① يەنى دىنغا ئەمەل قىلىشتا ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن، يولۇقفان قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۇلاتلارغا سەۋر قىلغانلارنى.

② بۇ يەردىكى «يولىمىز» دېگەندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ يولى مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇ يول بىلەن ماڭغان ئىنسان ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىدۇ.

③ ﴿الْمُحْسِنِيْنَ﴾دىكى '' اِحْسَانٌ ''نىڭ مەنىسى شۇكى، ھەرقانداق ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىپ، سەمىمىيلىك بىلەن ئادا قىلىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن قىلىش، يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، ئاللاھ رىزالىقىنى كۆزلەپ ئۆزىنىڭ ھەققىدىن ۋاز كېچىش، باشقىلارغا بەلگىلەنگەن ھەققىدىن ئارتۇق بېرىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى '' اِحْسَانٌ '' نىڭ ئۇقۇم مەنىسىگە يەنى ئاللاھ بۇيرۇغان ھەر ئىشنى مۇكەممەل قىلىشقا كىرىدۇ.

# سۈرە رۇم

| (٣٠) سورة الروم مكية ٦٠ آية | (30) سۈرە رۇم مەككىدە چۈشكەن 60 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓمٓ ۝١ غُلِبَتِ ٱلرُّومُ ۝٢ فِىٓ أَدْنَى ٱلْأَرْضِ وَهُم مِّنۢ بَعْدِ غَلَبِهِمْ
سَيَغْلِبُونَ ۝٣ فِى بِضْعِ سِنِينَ ۗ لِلَّهِ ٱلْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِنۢ بَعْدُ ۚ
وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ ٱلْمُؤْمِنُونَ ۝٤ بِنَصْرِ ٱللَّهِ ۚ يَنصُرُ مَن يَشَآءُ ۖ وَهُوَ
ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ۝٥

***ئەلىف، لام، مىيم [1]. رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، بۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ①، ئاللاھ خالىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [2 ـ 5].***

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا دۇنيادا ئىككى چوڭ كۈچ بار ئىدى. بىرى ئىرانلىقلار (پارىسلار) يەنى بىرى رىملىقلار ئىدى. پارىسلار ئوتقا چوقۇناتتى. رىملىقلار بولسا خرىستىئان يەنى ئەھلى

كىتاب ئىدى. مەككە مۇشرىكلىرى پارىسلارنىڭ رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى خالايتتى. چۈنكى، مۇشرىكلار بىلەن پارىسلار ئارىسىدا ئاللاھنىڭ غەيرىيگە چوقۇنۇشتا ئورتاقلىق بار ئىدى. مۇسۇلمانلار رىملىقلارنىڭ پارىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى خالايتتى. چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئەھلى كىتاب ئىدى، ۋەھيىگە ئىمان كەلتۈرەتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېتىقاد جەھەتتىن ئورتاقلىق مەۋجۇت ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن، رىملىقلارنىڭ پارىسلار تەرىپىدىن يېڭىلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. بۇ خەۋەردىن مۇشرىكلار خۇشال بولدى. ئەمما، مۇسۇلمانلار غەمكىن بولدى. دەل شۇ چاغدا بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى. ئۇنىڭدا بىر قانچە يىل ئىچىدە رىملىقلار پارىسلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، مەغلۇپ بولغانلار غەلىبە قىلىدۇ، غالىب بولغانلار مەغلۇپ بولىدۇ، دەپ كەلگۈسىدىن كەسكىن خەۋەر بېرىلدى. شۇ ۋاقىتتىكى رىملىقلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا، غەلىبە قىلىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك بىلىنەتتى. ئەمما، مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ سۆزىگە شەكسىز ئىمان كەلتۈرگەنلىكتىن رىملىقلارنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھىل بىلەن بەش يىل ئىچىدە رىملىقلارنىڭ قايتا غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا دو تىكىشتى. ئەبۇبەكرى بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلگىنكى، " بِضْعَ " دېگەن سۆز ئۈچتىن توققۇزغىچە بولغانساننى كۆرسىتىدۇ، سەن بەش يىل دەپ، مۇددەتنى ئاز بەلگىلەپ قاپسەن، مۇددەتنى سەل ئۇزۇنراق بەلگىلىگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى مۇددەتنى ئۇزۇنراق قىلىپ بەلگىلىۋالدى. ئەمەلىيەتتە رىملىقلار توققۇز يىل ئىچىدە يەنى يەتتىنچى يىلى پارىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار ناھايىتى خۇرسەن بولدى. (سۈنەنى تىرمىزى، سۈرە رۇم تەپسىرى) بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: رىملىقلار غەلىبە قىلغان ۋاقىت دەل مۇسۇلمانلارنىڭ بەدرى غازىتىدا كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋاقىتىغا توغرا كەلدى. بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار كۆپ خۇرسەن بولغان ئىدى. رىملىقلارنىڭ بۇ غەلىبىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم بىر دەلىلدۇر. ئايەتتىكى «يېقىن بىر جاي» دېگەندىن ئەرەب دىيارىغا يېقىن رايونلار يەنى شام، پەلەستىن قاتارلىق خرىستىئانلار ھۆكۈم سۈرگەن جايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

وَعۡدَ ٱللَّهِۖ لَا يُخۡلِفُ ٱللَّهُ وَعۡدَهُۥ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا
يَعۡلَمُونَ ﴿٦﴾ يَعۡلَمُونَ ظَٰهِرٗا مِّنَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَهُمۡ عَنِ ٱلۡأٓخِرَةِ
هُمۡ غَٰفِلُونَ ﴿٧﴾ أَوَلَمۡ يَتَفَكَّرُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۗ مَّا خَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَأَجَلٖ مُّسَمّٗىۗ

***(بۇ) ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر① . ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ [6]. ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر② [7]. ئۇلار (ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن) ئۆزلىرى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ھېكمەت بىلەن ۋە مۇئەييەن مۇددەت بىلەن ياراتتى③ .***

① يەنى ئى پەيغەمبەر! بىزنىڭ ساڭا يېقىن كەلگۈسىدە رىملىقلارنىڭ پارىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى يەتكۈزگەن خەۋىرىمىز راستتۇر. بىلگىنكى، ئاللاھنىڭ بۇ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇ ۋەدە بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

② يەنى كۆپ ساندىكى كىشىلەر دۇنيا ئىشلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار مەنپەئەتنى ۋاقىتلىق ۋە بىر قانچە كۈنلۈك بولغان مال-دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىقتىدارى ۋە ماھارەتلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئاخىرەت يۇرتىدا ئەسقاتىدىغان، پايدىسى مەڭگۈلۈك ئىشلاردىن غەپلەتتىدۇر. يەنى دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ، ئەمما دىنىدىن ھېچ خەۋىرى يوقتۇر.

③ يەنە بىر مەنىسى، مەلۇم مەقسەتتە ۋە ھەقلىق رەۋىشتە ياراتتى. مەقسەتسىز، بىكارغا ياراتقىنى يوق. مەقسەت شۇكى، ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقىغا مۇكاپات، يامانلارنىڭ يامانلىقىغا جازا بېرىشتۇر. يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا قاراپ، جىسمىنىڭ قانداق بولۇپ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ بىر تامچە سۇدىن يارىتىلغانلىقى

ھەققىدە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ئاندىن ئاللاھنىڭ ئاسمان ۋە زېمىننى مۇئەييەن بىر مەقسەت ئۈچۈن، كەڭ قىلىپ ياراتقانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلمامدۇ؟ ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلار ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى يەنى قىيامەت كۈنىنى بەلگىلىدى. ئۇ كۈندە بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ. دېمەك، ئەگەر ئۇلار بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئىلاھلىقىدا، پەرۋەردىگارلىقىدا يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇتلەق كۈچ-قۇدرىتىنى بىلگەن ھەم ئىمان ئېيتقان بولاتتى.

وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِ بِلِقَآيِٕ رَبِّهِمۡ لَكَٰفِرُونَ ٨ أَوَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي
ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَانُوٓاْ أَشَدَّ
مِنۡهُمۡ قُوَّةٗ وَأَثَارُواْ ٱلۡأَرۡضَ وَعَمَرُوهَآ أَكۡثَرَ مِمَّا عَمَرُوهَا وَجَآءَتۡهُمۡ
رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظۡلِمَهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ
يَظۡلِمُونَ ٩ ثُمَّ كَانَ عَٰقِبَةَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ ٱلسُّوٓأَىٰٓ أَن كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ
ٱللَّهِ وَكَانُواْ بِهَا يَسۡتَهۡزِءُونَ ١٠

*شەكسىزكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى (قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى، قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى ياكى جازالىنىدىغانلىقىنى) ئىنكار قىلغۇچىدۇر① [8]. ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ② ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟③ ئىلگىرىكىلەر قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى④. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا⑤، ئىمارەت سېلىشتا⑥ بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى⑦. ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى⑧، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى⑨ [9]. ئاندىن يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولدى⑩. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە داۋاملىق مەسخىرە قىلغان ئىدى [10].*

① ئۇنىڭ سەۋەبى يەنىلا كائىنات ھەققىدە تەپەككۇر قىلمىغانلىقتىندۇر. بولمىسا، ئۇلاردا قىيامەتنى ئىنكار قىلىشقا ھېچقانداق ئەقلىگە ئۇيغۇن دەلىل يوق.

② بۇ ئايەتتە مۆجىزىلەر، روشەن دەلىللەر ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋىتىنى كۆرۈپمۇ، تەپەككۇر قىلمىغانلار ئەيىبلىنىۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ يۈرۈپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالاك بولغان جايلىرىنى كۆرۈپ بولدى.

③ كاپىر بولغانلىقى، ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى سەۋەبىدىن ئاللاھ ھالاك قىلغان كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆزەتمىدىمۇ؟

④ قۇرەيشلەردىن ۋە مەككە ئەھلىدىن كۈچ-قۇۋۋەتتە ئارتۇق ئىدى.

⑤ يەنى مەككە ئەھلى دېھقانچىلىق ۋە مىمارچىلىق ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەمما، ئىلگىرىكى قەۋملەر بۇ ساھەدىمۇ ئۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى.

⑥ چۈنكى ئۇلار بۇلاردىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئىدى. جىسماني جەھەتتىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلاردا تىرىكچىلىك ۋاستىلىرى كۆپ ئىدى. ئۇلار يەنە بىناكارلىقتىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، نۇرغۇن ئىمارەتلەرنى سالغان ۋە دېھقانچىلىق قىلىپ زىرائەتلەردىنمۇ كۆپ مول-ھوسۇل ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇلاردىن باشقا كىرىم مەنبەلىرىمۇ بار ئىدى.

⑦ لېكىن ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتمىدى. نەتىجىدە ئۇلار شۇ قەدەر زور كۈچ-قۇۋۋەت، تەرەققىيات ۋە راھەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە تۇرۇپمۇ، ھالاك بولدى.

⑧ ئەگەر زۇلۇم قىلغان بولسا، گۇناھ قىلمىسىمۇ ئازابقا دۇچار قىلغان بولاتتى.

⑨ يەنى ئۇلار ئاللاھنى ئىنكار قىلىش ۋە پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىش بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك بولدى.

⑩ ﴿سُوٓاى﴾ ئەڭ ئۇسال، ئەڭ ناچار دېگەن مەنىدە، يەنى ئۇلار

يولۇققان ئاقىۋەت ئەڭ يامان ئاقىۋەت بولدى.

ٱللَّهُ يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ثُمَّ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿١١﴾ وَيَوۡمَ تَقُومُ
ٱلسَّاعَةُ يُبۡلِسُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿١٢﴾ وَلَمۡ يَكُن لَّهُم مِّن شُرَكَآئِهِمۡ
شُفَعَٰٓؤُاْ وَكَانُواْ بِشُرَكَآئِهِمۡ كَٰفِرِينَ ﴿١٣﴾ وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يَوۡمَئِذٖ
يَتَفَرَّقُونَ ﴿١٤﴾

***ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقلۇقتىن) بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدۇ①، ئاندىن ھەممىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر② [11]. قىيامەت قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار (ئازابتىن قۇتۇلۇشتىن) ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ③ [12]. ئۇلار (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنىڭ ھېچبىرىدىن شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ④. ئۇلار (ئۇ كۈندە) ئۆزلىرى شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن تانىدۇ⑤ [13]. قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ⑥ [14].***

① يەنى ئاللاھ تائالا دەسلەپتە مەخلۇقاتنى يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغاندەك، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. شۇڭا، تىرىلدۈرۈش بىرىنچى قېتىم يارىتىشقا قارىغاندا ئانچە مۇشكۈل ئەمەس.

② يەنى مەھشەر مەيدانىغا، ھېساب بېرىدىغان جايغا كەلتۈرۈلىسىلەر، ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ.

③ " إِبْلَاسٌ "نىڭ مەنىسى ئۆز مەيدانىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر دەلىل كۆرسىتەلمەسلىك، قايمۇققان ھالدا جىم تۇرۇپ قىلىش. بۇ سۆز ئۈمىدسىزلەنگەن ھالەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن " مُبْلِسٌ "نىڭ مەنىسى نائۈمىد بولغان ھالدا، جىم تۇرۇپ قالغۇچى، ھېچقانداق دەلىل كەلتۈرەلمەي تۇرۇپ قالغۇچى دېگەن بولىدۇ. قىيامەت كۈنى مۇشرىكلار ۋە كاپىرلارنىڭ ھالىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى

ئۇلار ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن مەيۇسلىنىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. دەلىل كۆرسىتىشكە قادىر بولالمايدۇ. بۇ يەردىكى «گۇناھكارلار» دېگەندىن مۇشرىكلار ۋە كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ نۇقتا كېيىنكى ئايەتتە تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ.

④ ﴿شُرَكَآئِهِمْ﴾ مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرى. ئۇلار: بىزگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت قىلىدۇ، ئازابتىن ساقلاپ قالىدۇ، دەپ چوقۇنغان باتىل مەبۇدلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە شېرىكتىن ئىبارەت بۇ گۇناھنى سادىر قىلغانلارغا ھېچقانداق شاپائەت قىلغۇچى بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلدى.

⑤ يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلار باتىل مەبۇدلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇ مەبۇدلارنىڭ ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغانلىقىنى، ھېچنەرسىگە قادىر ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇ مەبۇدلارمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئاللاھنى شېرىك قىلىۋېلىپ، چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

⑥ بۇنىڭدىن بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن ئايرىلىدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلاردىن ئايرىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇئمىنلەر جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ. كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ. ئۇلار بىر-بىرلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىدۇ. ئۇلار كېيىن ھەرگىز بىر يەرگە جەم بولالمايدۇ. بۇ ئايرىلىش ھېسابتىن كېيىن بولىدۇ. بۇ نۇقتا كېيىنكى ئايەتتە تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَهُمْ فِى رَوْضَةٍ يُحْبَرُونَ ﴿١٥﴾
وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَلِقَآئِ ٱلْـَٔاخِرَةِ فَأُوْلَٰٓئِكَ فِى
ٱلْعَذَابِ مُحْضَرُونَ ﴿١٦﴾ فَسُبْحَٰنَ ٱللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ
تُصْبِحُونَ ﴿١٧﴾ وَلَهُ ٱلْحَمْدُ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَعَشِيًّا وَحِينَ
تُظْهِرُونَ ﴿١٨﴾ يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ ٱلْمَيِّتَ مِنَ ٱلْحَىِّ

***ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار (جەننەت) باغچىلىرىدا (دائىملىق نازۇنېمەتلەر بىلەن) خۇشاللىقتا چۆمدۈرۈلىدۇ① [15]. (ئاللاھنى) ئىنكار قىلىپ، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتىكى مۇلاقاتنى يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار داۋاملىق ئازابتا قالىدۇ② [16]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار [17]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق ھەمدۇسانالار ئاللاھقا خاستۇر. كەچ ۋە پېشىن ۋاقتلىرىدىمۇ (ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار)③ [18]. ئاللاھ جانسىزدىن جانلىقنى چىقىرىدۇ، جانلىقتىن جانسىزنى چىقىرىدۇ④،***

① ئۇلار جەننەتتە چەكسىز نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. ئىززەت-ئىكرامغا نائىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلار ناھايىتى خۇشال بولىدۇ.

② يەنى ئۇلار داۋاملىق ئازابنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

③ بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس زاتى ئۈچۈن ئېيتىلغان ھەمدۇسانا ۋە تەسبىھتۇر. ئۇنىڭدىن مەقسەت بۇ ۋاقىتلاردا بەندىلىرىنى ئۆزىگە تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىشقا يېتەكلەشتۇر. يەنى بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتى ۋە بۈيۈكلۈكىنى كۆرسىتىدىغان بۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار. شام ۋاقتىدا كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ، سۈبھى ۋاقتىدا تاڭ يورۇشقا باشلايدۇ، كېچىدە ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ، چۈش ۋاقتىدا پۈتۈن ئالەم يورۇق بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى زات بارلىق ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر. بۇ ۋاقىتلارنىڭ ھەر بىرىدە ئۆزىگە خاس پايدا-مەنپەئەت ياراتقان زاتقا چەكسىز ھەمدۇسانا بولسۇن. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردىكى تەسبىھ دېگەندىن ناماز كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىككى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتلار بەش نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿تُمْسُونَ﴾ شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى، ﴿تُصْبِحُونَ﴾ بامدات نامىزىنى، ﴿عَشِيًّا﴾ ئەسىر نامىزىنى، ﴿تُظْهِرُونَ﴾ پېشىن نامىزىنى كۆرسىتىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بىر ھەدىستە بۇ ئىككى ئايەتنى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا قىلغان

سەۋەنلىكلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 5076_ھەدىس)

④ مەسىلەن: تۇخۇمنى توخۇدىن تۇغدۇرىدۇ، توخۇنى تۇخۇمدىن چىقىرىدۇ. ئىنساننى مەنىيدىن يارىتىدۇ. مەنىينى ئىنساندىن چىقىرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، مۇئمىن ئادەمنى كاپىر ئادەمدىن، كاپىر ئادەمنى مۇئمىن ئادەمدىن دۇنياغا كەلتۈرىدۇ.

وَيُحْيِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا ۚ وَكَذَٰلِكَ تُخْرَجُونَ ﴿١٩﴾ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنْ
خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ إِذَآ أَنتُم بَشَرٌ تَنتَشِرُونَ ﴿٢٠﴾ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ
أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا لِّتَسْكُنُوٓا۟ إِلَيْهَا وَجَعَلَ
بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١﴾

***(قۇرغاقچىلىقتىن) ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ (يەنى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، سىلەرمۇ (تىرىلدۈرۈلۈپ قەبرەڭلاردىن) شۇنداق چىقىرىلىسىلەر① [19]. ئاللاھنىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ (يەر يۈزىدە) تارقىلىپ يۈرۈشۈڭلار ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر② [20]. ئاياللاردىن ئۇنىسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن③، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن يارىتىپ④، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى⑤ ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [21].***

① يەنى ئۆلۈكلەرمۇ شۇنداق تىرىلدۈرۈپ، قەبرىلىرىدىن چىقىرىلىدۇ.

② بۇ ئايەت تۆرەلمىنىڭ پۈتۈن ئىنسان بولۇش جەريانىدا بېسىپ ئۆتىدىغان باسقۇچلارغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ نۇقتا قۇرئاننىڭ باشقا ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغان. ﴿تَنْتَشِرُونَ﴾ «يەر يۈزىدە تارقىلىپ يۈرۈشۈڭلار» دېگەن ئىنساننىڭ تىرىكچىلىك قىلىش، ئىشلەش، ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن زېمىندا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

③ يەنى ئۇنسى - ئۈلپەت ئىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاياللارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى. سىلەرگە جۈپ بولۇش ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارنىڭ تىپىدىن ئاياللارنى ياراتتى. ﴿أَزْوَاجًا﴾ ئەرەبچىدە جۈپتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن ئەر ئايالنىڭ، ئايال ئەرنىڭ جۈپتى بولىدۇ. ئايال ئىنساننىڭ ئۆز تىپىدىن بولغان دېگەندە دۇنيادىكى تۇنجى ئايال ھەۋۋا ئانىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەۋۋانى ئادەمنىڭ سول تەرەپتىكى قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى. ئاندىن پۈتۈن ئىنسانلارنى بۇ ئىككىسىنىڭ نەسلىدىن چىقاردى. شۇ تەرىقىدە ئىنسان نەسلىنى داۋاملاشتۇردى.

④ ئەگەر ئاللاھ تائالا ئەركەكلەرنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ جىنسلىرىنى باشقا بىر تىپتىن قىلىپ يەنى جىنلاردىن ياكى ھايۋانلاردىن يارىتىپ قويغان بولسا، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ئۇنسى-ئۈلپەت چوقۇم ھاسىل بولمىغان بولاتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەپرەت پەيدا بولغان بولاتتى. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ئاياللىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز تىپىدىن يارىتقانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ كامالى رەھمىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

⑤ ﴿مَوَدَّةً﴾ «مېھىر - مۇھەببەت» شۇكى، ئەر كىشى خوتۇنىنى ھېچقانداق غەرەزسىز ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا مېھىر - مۇھەببىتىنى يەتكۈزىدۇ، خوتۇنمۇ ئېرىگە شۇنداق قىلىدۇ. دۇنيادا بۇنداق مېھىر-مۇھەببەت ئەر-خوتۇندىن باشقا ھېچقانداق ئىككى شەخسنىڭ ئارىسىدا بولمايدۇ. بۇ يەردە ئاللاھنىڭ رەھمىتى شۇكى، ئەر خوتۇنىنىڭ بارلىق ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئاللاھ تائالا ئەمر قىلغان. ئايالمۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىچىدە ئېرىگە شۇنداق شارائىت ھازىرلايدۇ. دېمەك، بۇ ئۇنسى - ئۈلپەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت ئىنسانغا شەرىئەت قانۇنى بويىچە نىكاھلىق بولغان جۈپتىدىن كېلىدۇ. ئىسلام بۇلارنى قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن دەپ قارايدۇ. قانۇنسىز جۈپتىلەرنى ئەر-خوتۇن دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى زىناخورلار دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلارغا قاتتىق جازا بەلگىلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شەيتان سۈپەت بايراقدارلىرى ئىسلام جەمئىيىتىدە غەرب جەمئىيىتىدىكى بۇزۇقچىلىقلارنى تارقىتىش مەقسىتىدە، نىكاھسىز جۈپ بولۇۋالغان زىناخورلارنى (Partner,Couple)-بىر جۈپ ئەر-خوتۇن دەپ ئېتىراپ قىلدۇرۇش، ئۇلارغا جازا بېرىشنىڭ ئورنىغا، قانۇنلۇق ئەر-خوتۇنلارغا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھ

ئۇلارنى مەقستىگە يەتكۈزمەسۇن.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦ خَلۡقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفُ أَلۡسِنَتِكُمۡ
وَأَلۡوَٰنِكُمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّلۡعَٰلِمِينَ ﴿٢٢﴾ وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦ مَنَامُكُم
بِٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ وَٱبۡتِغَآؤُكُم مِّن فَضۡلِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ
يَسۡمَعُونَ ﴿٢٣﴾

***ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر①. بۇنىڭدا ھەربىر ئىلىم ئىگىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار [22]. سىلەرنىڭ كېچىسى ئۇخلىشىڭلار، كۈندۈزى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىن (رىزقىڭلارنى) ئىزدىشىڭلار ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر②، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [23].***

① دۇنيادا بۇ قەدەر كۆپ تىللارنى ياراتقانلىقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر چوڭ ئالامەت ۋە بەلگە ھېسابلىنىدۇ. ئەرەبچە، تۈركچە، ئىنگلىزچە، ئوردۇچە، ھىندىچە، پوشتۇچە، پارسچە يەنە سىندى، بىلۇچى قاتارلىقلار. ھەربىر تىلدا خىلمۇخىل دىيالېكت ۋە شېۋىلەر بار. بىر ئادەمنى نەچچە مىڭ ۋە نەچچە مىليون ئىنسانلار ئارىسىدىن تىلى ۋە شېۋىسىگە ئاساسەن تونۇغىلى ھەم قايسى دۆلەت ۋە رايونغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. پەقەت تىلى ئارقىلىق ئىنساننى مۇكەممەل تونۇغىلى بولىدۇ. يەنە پۈتۈن ئىنسانلار بىر ئاتا ۋە ئانىدىن) ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋادىن (تۆرەلگەن تۇرۇپمۇ، رەڭگى خىلمۇخىلدۇر. بىرىنىڭ رەڭگى قارا، يەنە بىرىنىڭ سېرىق، بىرى ئاق، يەنە بىرى بۇغداي ئوڭ دېگەندەك. كۆپ ساندىكى ئىنسانلار ئاق ۋە قارا دەپ ئىككى رەڭگە ئايرىلسىمۇ، يەنە بۇ ئىككى رەڭنىڭ بىر-بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان يىگىرمىدىن ئارتۇق ئالاھىدىلىرى بار. يەنە تېخى ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ چىراي-شەكلى، جىسمى، قەددى-قامىتىدە

شۇنداق كۆرۈنەرلىك پەرقلەرنى ياراتقانكى، ئۇنىڭ بىلەن ھەربىر دۆلەتنىڭ ئادەملىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق چىراي يەنە بىر چىرايغا ئوخشاپ قالمايدۇ، ھەتتا بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىككى قېرىنداشمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت كامالىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە ئوخشاپ قالمايدۇ. بىر دۆلەتنىڭ ئادەملىرى يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئادەملىرىدىن مەلۇم جەھەتلەردە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

② يەنى سىلەرنىڭ كېچىدە ھارغىنلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، كۈندۈزدە بىر دەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۇخلىشىڭلارمۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. شۇنىڭدەك كۈندۈزدە ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تىجارەت ئارقىلىق ئاللاھ بەلگىلىگەن رىزىقىڭلارنى ئىزدىشىڭلارمۇ ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. بۇ نۇقتا بىر قانچە ئايەتتە بايان قىلىندى.

وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦ يُرِيكُمُ ٱلْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنَزِّلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ
مَآءً فَيُحْىِۦ بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَآ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ
يَعْقِلُونَ ﴿٢٤﴾ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَن تَقُومَ ٱلسَّمَآءُ وَٱلْأَرْضُ بِأَمْرِهِۦ ۚ ثُمَّ إِذَا
دَعَاكُمْ دَعْوَةً مِّنَ ٱلْأَرْضِ إِذَآ أَنتُمْ تَخْرُجُونَ ﴿٢٥﴾ وَلَهُۥ مَن فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ كُلٌّ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ ﴿٢٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ
يُعِيدُهُۥ وَهُوَ أَهْوَنُ عَلَيْهِ ۚ وَلَهُ ٱلْمَثَلُ ٱلْأَعْلَىٰ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ
وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٢٧﴾

*ئاللاھنىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر①، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [24]. ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا تۇرۇشىمۇ*

*ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاندىن (قىيامەت كۈنى) سىلەرنى (تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، سىلەر كۆمۈلگەن) يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر② [25]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر ۋە ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر). ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر③ [26]. ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقلۇقتىن) بارلىققا كەلتۈرىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ ئوڭايدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئەڭ ئالىي سۈپەت ئاللاھقا خاستۇر④، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [27].*

① يەنى ئاسماندا چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما پەيدا بولسا، سىلەر چاقماقنىڭ سوقۇۋېتىشىدىن ياكى قاتتىق يامغۇر يېغىپ زىرائەتلىرىڭلارنى ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن قورقىسىلەر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زىرائەتلىرىڭلارنىڭ ئوبدان ھوسۇل بېرىشى ئۈچۈن، يامغۇرنى ئۈمىد قىلىسىلەر.

② يەنى قىيامەت قايىم بولسا ھازىرغا قەدەر ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاسمان-زېمىن نىزامى ئۆزگىرىدۇ. زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ. بارلىق ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىدۇ.

③ يەنى بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەت ۋە قۇدرەتنىڭ ئالدىدا بارلىق ئىنسانلار ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز باش ئېگىدۇ. ئۆلۈش، ھاياتلىق، كېسەللىك، ساغلاملىق، ئىززەت، خارلىق ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشلاردۇر.

④ يەنى بۇ قەدەر كامالەت ۋە بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى بارلىق ئوخشىتىشلاردىن ئۈستۈندۇر. ﴿ ھېچ نەرسە ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر﴾. (سۈرە شۇرا11 ـئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ضَرَبَ لَكُم مَّثَلًا مِّنْ أَنفُسِكُمْ ۖ هَل لَّكُم مِّن مَّا مَلَكَتْ

أَيۡمَٰنُكُم مِّن شُرَكَآءَ فِي مَا رَزَقۡنَٰكُمۡ فَأَنتُمۡ فِيهِ سَوَآءٞ تَخَافُونَهُمۡ
كَخِيفَتِكُمۡ أَنفُسَكُمۡۚ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ٢٨
بَلِ ٱتَّبَعَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَهۡوَآءَهُم بِغَيۡرِ عِلۡمٖۖ فَمَن يَهۡدِي مَنۡ
أَضَلَّ ٱللَّهُۖ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ٢٩ فَأَقِمۡ وَجۡهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفٗاۚ

*ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈككە قول ئاستىڭلاردىكى قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا① ، ئۇلاردىن ئۆزۈڭلار (يەنى سىلەرگە ئوخشاش ئازاد كىشىلەر) بىر ـ بىرىڭلاردىن تەپ تارتقاندەك تەپ تارتىشقا رازىمۇسىلەر؟② ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز③ [28]. بەلكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلار ئىلىمسىز ھالدا نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى④. ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟⑤ ئۇلارغا ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ؟⑥ [29]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن توغرا دىنغا ـ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن⑦ ،*

① يەنى سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىڭلارغا سىلەرگە ئوخشاش شېرىك بولۇشىنى ۋە ئۇنى تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىدا سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىنى ياقتۇرمايسىلەر. ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ۋە مەخلۇقاتى بولغان پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيا ۋە سالىھلار ياكى ياغاچ ۋە تاشتىن ياسالغان بۇتلارنى قانداقمۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىسىلەر؟ ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ۋە مەخلۇقلىرى ئەمەسمۇ؟ يەنى سىلەرنىڭ بىرىڭلار مال ـ مۈلۈكىگە قۇلىنىڭ شېرىك بولۇشىنى ياقتۇرمىغاندەك، ئاللاھ تائالامۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئۆزىگە شېرىك قىلىنىشىنى ياقتۇرمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھقا باشقا بىرىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن غەيرىنى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى، مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلىش چوڭ گۇناھتۇر.

② يەنى سىلەر قول ئاستىڭلاردىكى قۇللىرىڭلاردىن خۇددى ئازاد

كىشىلەر بىر-بىرىدىن قورققاندەك قورقامسىلەر؟ مەسىلەن: شېرىك تىجارەت قىلغان ئىككى كىشى ئوتتۇرىدىكى ئورتاق سەرمايە ياكى سودىنىڭ پۇلىنى خەجلەشتە بىر-بىرىنىڭ سوئال-سوراق قىلىشىدىن قورققاندەك، ئۆز قۇللىرىڭلاردىن قورقامسىلەر؟ دېمەك قورقمايسىلەر. چۈنكى، سىلەر ئۇلارنى ئۆز مال-مۈلۈكىڭلارغا شېرىك قىلمايسىلەر ۋە ئۇلارنى ئۆزۈڭلار بىلەن باراۋەر سانىمايسىلەر، شۇنداق تۇرۇپ، مەخلۇقنى ياراتقۇچىغا باشقىلارنى شېرىك قىلامسىلەر؟

③ چۈنكى ئۇلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئاللاھنىڭ چۈشۈرگەن ئايەتلىرى ۋە ياراتقان مەۋجۇداتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ ۋە ئۇلاردىن توغرا مەنپەئەت ئالىدۇ. ئەمما، ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ۋە تەپەككۇر قىلمىغانلار شۇ قەدەر ئوچۇق ۋە ئېنىق بولغان تەۋھىد مەسىلىسىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

④ يەنى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلار ئۆزلىرىنىڭ جاھالەت ۋە گۇمراھلىق پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مۇشۇ بىلمەسلىكى ۋە گۇمراھلىقى تۈپەيلىدىن ئەقلىنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى يوقاتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشى ۋە خاتا كۆز قارىشىغا ئەگىشىپ كەتتى.

⑤ چۈنكى ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدىغان ھىدايەت پەقەت قەلبىدە ھىدايەتكە ئېرىشىش ئارزۇسى بار ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغان كىشىلەرگە نېسىپ بولىدۇ. سەمىمىيلىك بىلەن ھىدايەت تەلەپ قىلمىغان كىشىنى ئاللاھ تائالا گۇمراھلىقدا تاشلاپ قويىدۇ.

⑥ يەنى بۇ گۇمراھلارنى گۇمراھلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھىدايەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھېچ ياردەمچى بولمايدۇ ياكى ئۇلاردىن ئازابنى توسۇپ قالىدىغان ھېچ قۇتقۇزغۇچى بولمايدۇ.

⑦ يەنى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەنگىن. باتىل دىنلار تەرەپكە قارىمىغىن.

فِطۡرَتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيۡهَاۚ لَا تَبۡدِيلَ لِخَلۡقِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ
ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٣٠ ۞ مُنِيبِينَ
إِلَيۡهِ وَٱتَّقُوهُ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَلَا تَكُونُواْ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ٣١ مِنَ

ٱلَّذِينَ فَرَّقُواْ دِينَهُمۡ وَكَانُواْ شِيَعٗاۖ كُلُّ حِزۡبِۭ بِمَا لَدَيۡهِمۡ فَرِحُونَ ﴿٣٢﴾

***(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھنىڭ دىنىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان①، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ②، بۇ توپتوغرا دىندۇر③، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ④ [30]. (ھەممىڭلار) ئاللاھقا (تەۋبە ۋە ئىخلاس بىلەن) يۈزلەنگۈچىلەر بولۇڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، مۇشرىكلاردىن بولماڭلار⑤ [31]. سىلەر دىنىنى ئۆزگەرتىپ (ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىپ)، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ كەتكەنلەردىن (بولماڭلار)⑥. (ئۇلاردىن) ھەربىر پىرقە ئۆزىدىكى (ئەقىدە ۋە قاراشلىرى) بىلەن خۇشالدۇر⑦ [32].***

① ﴿فَطَرَ﴾نىڭ ئەسلىي مەنىسى" خَلَقَ " «ياراتتى» دېمەكتۇر. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئىسلام دىنى) تەۋھىد ) كۆزدە تۇتۇلغان. يەنى ھەربىر ئىنسان تۇغۇلغاندا ـ مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى كاپىر بولسۇن ـ ئىسلام ۋە تەۋھىد ئۈستىدە يەنى ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان تەبىئەتتە تۇغۇلىدۇ. دېمەك تەۋھىد ئۇنىڭ فىترىتىدە ـ يارىتىلىشىدا مەۋجۇت، يەنى ئەسلىي تەبىئىتىدە بار بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى «ئەلەستۇ ئەھدىسى» دىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿رەببى «مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ رەببى ئىكەنلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى گۇۋاھ قىلدۇردى، ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ رەببىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى﴾. (سۈرە ئەئراف 172 ـ ئايەت) ئەسلىدە ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى ھەق دىن بىلەن ياراتقان، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە باشقا ئامىللار ئۇنى تەۋھىد تەرەپكە كېلىشكە يول قويمىغان، شۇ ۋەجىدىن ئۇ كۇفرىدا قالغان. بۇ نۇقتا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەربىر بوۋاق تۇغۇلغاندا، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى ناسارا قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىپ چوڭ قىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى

4775-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2658-ھەدىس)

② ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقىنىنى (دىنىنى (ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار، باللارنى توغرا تەربىيە بېرىپ چوڭ قىلىڭلار، ئىمان ۋە تەۋھىد باللارنىڭ دىلىدا ۋە ئىدىيەسىدە مۇكەممەل ئورۇن ئالسۇن.

③ يەنى بۇ يۈزلىنىشكە ۋە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان دىندۇر. يەنە بىر مەنىسى، بۇ ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى تەقەززا قىلىدىغان توغرا دىندۇر.

④ چۈنكى، ئۇلار ئىسلام ۋە تەۋھىد دېگەننى بىلمەي ياشايدۇ.

⑤ يەنى ئىماندىن، تەقۋالىقتىن ۋە نامازدىن يۈز ئۆرۈپ، مۇشرىك بولۇپ كەتمەڭلار.

⑥ يەنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي دىنىنى تاشلاپ ياكى ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ھەر خىل پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلەردىن بولماڭلار. مەسىلەن: بەزىلىرى يەھۇدىي، بەزىلىرى ناسارا، بەزىلىرى مەجۇسىي بولۇپ كەتكەنلەردىن بولماڭلار.

⑦ يەنى ھەربىر پىرقە ۋە گۇرۇھ ئۆزىنى ھەقنىڭ ئۈستىدە دەپ ئويلاپ، ئۆزىدىن باشقىلارنى بولسا گۇمراھ دەپ قارايدۇ. ئۆز قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىغا كۆرسىتىدىغان باھانىلىرىنى دەلىل-پاكىت دەپ ئاتايدۇ. ھەمدە ئۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كېتىپ، غەمسىز يۈرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئىسلام ئۇممىتىمۇ ھەر خىل پىرقىلەرگە بۆلۈندى. ھەربىر پىرقە ئۆزىنىڭ باتىل قارىشى بويىچە ئۆزى تۇتقان يولنى توغرا دەپ قارايدۇ. ۋەھالەنكى، ھەقنىڭ ئۈستىدە پەقەت بىر پىرقە بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقىنى بويىچە «مەن ۋە مېنىڭ ساھابىلىرىم تۇتۇپ ماڭغان يولنى تۇتقانلاردۇر».

وَإِذَا مَسَّ ٱلنَّاسَ ضُرٌّ دَعَوْاْ رَبَّهُم مُّنِيبِينَ إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَآ أَذَاقَهُم
مِّنْهُ رَحْمَةً إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُم بِرَبِّهِمْ يُشْرِكُونَ ﴿٣٣﴾ لِيَكْفُرُواْ بِمَآ
ءَاتَيْنَٰهُمْۚ فَتَمَتَّعُواْ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿٣٤﴾ أَمْ أَنزَلْنَا عَلَيْهِمْ سُلْطَٰنًا
فَهُوَ يَتَكَلَّمُ بِمَا كَانُواْ بِهِۦ يُشْرِكُونَ ﴿٣٥﴾ وَإِذَآ أَذَقْنَا ٱلنَّاسَ رَحْمَةً

فَرِحُواْ بِهَاۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةُۢ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡ إِذَا هُمۡ
يَقۡنَطُونَ ﴿٣٦﴾ أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ
إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٣٧﴾

***ئىنسانلارغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكەن چاغدا، ئۇلار دەرھال رەببىگە (تەۋبە ۋە ئىخلاس بىلەن) يۈزلىنىپ، ئىلتىجا قىلىشقا باشلايدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز دەرگاھىدىن بىر رەھمەتنى تېتىتسا، شۇ ھامان ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى رەببىگە شېرىك كەلتۈرىدۇ [33]. ئۇلار بىز بەرگەن نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلىدۇ)①. (ئى مۇشرىكلار! دۇنيا ھاياتىدا سىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار، سىلەر (بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى) يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر [34]. ياكى بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرۈشىنىڭ (توغرىلىقىنى) سۆزلەيدىغان بىرەر دەلىل ـ ئىسپات چۈشۈردۇقمۇ؟ (مۇنداق بولغىنى يوق)② [35]. بىز ئىنسانلارغا بىرەر نېمەتنى تېتىتساق، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، دەرھال ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ③ [36]. ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ④، شەكسىزكى، بۇنىڭدا (رىزىق بەرگەن ئاللاھنىڭ ھېكمىتىگە) ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [37].***

① ﴿لِيَكۡفُرُواْ﴾ دىكى «لام» سەۋەبنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى ئۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش ۋە دۇنيا لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇلار تۇزكورلۇق قىلمىغان بولسا، سەمىمىي مەۋقەدە تۇراتتى ۋە ئېزچىل تۈردە بىر ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلاتتى. بۇ نۇقتا سۈرە ئەنكەبۇتنىڭ ئاخىرىدىمۇ بايان قىلىندى.

② بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، مەنىسى:

مۇشرىكلار ھېچقانداق دەلىلگە ئاساسلانماستىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ غەيرىيگە چوقۇنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ توغرىلىقنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل چۈشۈرگىنى يوق. ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرنى شېرىك ئېتىقادنى يوق قىلىش، تەۋھىدنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنى يوللۇق كۆرسىتىدىغان دەلىل چۈشۈرسۇن؟ ھەقىقەتتە ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا چاقىرغان. بۈگۈنكى كۈندە تەۋھىد ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلارغىمۇ تەۋھىد ھەققىدە ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار سۈننەتتىن يىراقلىشىپ، شېرىك ۋە بىدئەتكە مۇپتىلا بولۇپ قالدى. ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەت قىلسۇن.

③ بۇ سۈرە ھۇدنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغان مەزمۇننىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى ئۇلار نېمەتكە ئېرىشكەندە خۇشاللىنىپ كېتىدۇ؛ كۈلپەت يەتكەندە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما، مۇئمىنلەرنىڭ خاراكتېرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار كۈلپەتكە يولۇققاندا سەۋر قىلىدۇ؛ نېمەتكە ئېرىشكەندە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، يەنى ياخشى ئەمەل قىلىدۇ. ھەر ئىككى خىل ئەھۋال ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولۇپ، كۆپ ساۋابقا ئېرىشىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

④ يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە تەدبىرى بىلەن بەزى كىشىلەرگە مال-دۇنيانى كۆپ بېرىدۇ، بەزىلەرگە ئاز بېرىدۇ. مەسىلەن : ئەقلى-ئىقتىدارى ۋە سەرمايىسى ئوخشاش ئىككى ئادەم بىر خىل تۈرگە مەبلەغ سېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش باشلىسىمۇ، نەتىجىدە بىرى روناق تېپىپ، تىجارەت دائىرىسى كېڭىيىپ كېتىدۇ. ئەمما، يەنە بىرى روناق تاپالماي ئىزىدا تۇرۇپ قالىدۇ، تىجارەت دائىرىسىمۇ چەكلىك بولۇپ، ئىلگىرىلەش نېسىپ بولمايدۇ. بۇنى باشقۇرۇۋاتقان كىم؟ رىزىقنى كەڭ ۋە تار قىلىدىغان ھوقۇق كىمنىڭ ئىلكىدە؟ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شېرىكى يوق بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇ گاھى مال-مۈلكى كۆپ دۆلەتمەن ئادەمنى موھتاج قىلىپ قويىدۇ، گاھى موھتاج ئادەمنى دۆلەتمەن قىلىپ قويىدۇ.

فَـَٔاتِ ذَا ٱلْقُرْبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلْمِسْكِينَ وَٱبْنَ ٱلسَّبِيلِ ۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ
لِّلَّذِينَ يُرِيدُونَ وَجْهَ ٱللَّهِ ۖ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٣٨﴾ وَمَآ ءَاتَيْتُم
مِّن رِّبًا لِّيَرْبُوَا۟ فِىٓ أَمْوَٰلِ ٱلنَّاسِ فَلَا يَرْبُوا۟ عِندَ ٱللَّهِ ۖ

***يېقىن تۇغقانلارغا، يوقسۇللارغا، (يول خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان) مۇساپىرلارغا (سىلە ـ رەھىم ۋە ياخشىلىقتىن تېگىشلىك) ھەققىنى بەرگىن①، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر②، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [38]. سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە كۆپىيىپ قالسۇن دەپ، ئۆسۈم ئۈچۈن بەرگەن ھەرقانداق نەرسە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆپەيمەيدۇ③.***

① پۈتۈن رىزىق ۋە تىرىكچىلىك ۋاستىلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئۇ خالىغان كىشىگە رىزىقنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ، شۇڭا بايلىققا ئىگە بولغانلار ئاللاھ بەرگەن بايلىقتىكى ياردەمگە موھتاج ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، مىسكىنلەر ۋە مۇساپىرلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ تۇرۇشى لازىم. بۇ ئايەتتە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەققى ھەممىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ پەزىلىتى ئارتۇقتۇر. ھەدىستە يېقىن تۇغقانلارغا قىلىنغان ماددىي ياردەم ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، بىرى سەدىقىنىڭ ساۋابى، يەنە بىرى سىلە ـ رەھىم قىلغانلىقنىڭ ساۋابىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ يەردە ئۇلارغا قىلىنغان ياردەمنىڭ ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنىدىكى، سىلەر ياردەم قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئېھسان قىلغان بولمايسىلەر، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىسىلەر.

② يەنى جەننەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر.

③ يەنى جازانە ۋە ئۆسۈمدە پۇل ـ مالغا پايدا قوشۇلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ كاساپىتىدىن جازانىخور دۇنيادا ۋەيرانچىلىققا، ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئىبنى ئابباس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق بىر قانچە ساھابە ۋە تابىئىنلار بۇ ئايەتتىكى ﴿ رِبًا ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئۆسۈم (جازانە)» ئەمەس، بەلكى بەدىلىگە كۆپرەك نەرسە ئېلىش مەقسىتىدە بېرىلىدىغان ھەدىيە ۋە سوۋغاتنى بىلدۈرىدۇ دەپ ئالىدۇ. بۇ خۇددى بىر پېقىر ئادەمنىڭ بىر مالدار ئادەمگە، بىر پۇقرانىڭ پادىشاھقا ياكى ھاكىمغا، بىر خىزمەتچىنىڭ خوجايىنىغا بېرىدىغان سوۋغىتىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە سوۋغاتنىڭ ﴿ رِبًا ﴾ «ئۆسۈم» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، سوۋغات بەرگۈچى كۆپرەك ئېلىش مەقسىتىدە بېرىدۇ. گەرچە بۇ خىلدىكى سوۋغات مۇباھ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ. ﴿ فَلَا يَرْبُوا عِنْدَ اللّٰهِ ﴾ «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆپەيمەيدۇ» دېگەن بۇ ئايەت ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ساۋاب بېرىلمەيغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەتنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ: «سىلەرنىڭ كىشىلەر كۆپرەك قايتۇرسۇن دەپ بەرگەن سوۋغىتىڭلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بېرىلمەيدۇ». (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە ئەيسەر تەپاسىر)

وَمَآ ءَاتَيۡتُم مِّن زَكَوٰةٖ تُرِيدُونَ وَجۡهَ ٱللَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡمُضۡعِفُونَ ﴿٣٩﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ ثُمَّ رَزَقَكُمۡ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ
يُحۡيِيكُمۡۖ هَلۡ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَفۡعَلُ مِن ذَٰلِكُم مِّن شَيۡءٖۚ
سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٤٠﴾ ظَهَرَ ٱلۡفَسَادُ فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ
بِمَا كَسَبَتۡ أَيۡدِي ٱلنَّاسِ لِيُذِيقَهُم بَعۡضَ ٱلَّذِي عَمِلُواْ لَعَلَّهُمۡ
يَرۡجِعُونَ ﴿٤١﴾

*ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلارغا كەلسەك، ئەنە شۇنداق قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ (ساۋابىنى ۋە پۇل ـ مېلىنى) ھەسسىلەپ كۆپەيتكۈچىلەردۇر① [39]. ئاللاھ سىلەرنى ياراتقان، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەرگەن زاتتۇر. ئاندىن ئاللاھ سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. (سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان) نەرسىلىرىڭلار ئىچىدە بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى*

***قىلالايدىغـان بىـرى بارمـۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنىـڭ شېرىك كەلتۈرگـەن نەرسـىلىرىدىن پاكتـۇر ۋە ئۈسـتۈندۇر [40]. ئىنسـانلارنى (ئاللاھ تەرەپكـە) قايتسـۇن دەپ، ئۇلارغـا بىر قىسىم قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتىش ئۈچـۈن، ئۇلارنىـڭ سادىر قىلغـان گۇناھلىـرى تۈپەيلىدىـن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت (يامانلىق) يۈزبەردى② [41].***

① زاكات ۋە سـەدىقە بېرىـش. بىرىنچىدىـن: پۇل-مالنـى مەنـۋى جەھەتتىـن ئاشـۇرىدۇ يەنـى قالغـان پۇل-مالغـا ئاللاھ تەرەپتىـن بەرىكـەت ئاتـا قىلىنىـدۇ. ئىككىنچىدىـن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ساۋابى ھەسسـىلەپ بېرىلىـدۇ. ھەدىسـتە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «بىـر ئـادەم ھـالال كەسـىپتىن بىـر تـال خورمـا چاغلىـق نەرسـىنى سـەدىقە قىلسـا، شـەپقەتلىك ئاللاھ ئۇنـى ئـوڭ قولى بىلـەن قوبـۇل قىلىـدۇ. ئاندىـن ئۇنـى خـۇددى سـىلەرنىڭ بىرىـڭلار تېيىنـى ياكـى موزىيىنـى پەرۋىـش قىلىـپ ئۆسـتۈرگەندەك ئۆسـتۈرىدۇ، ھەتتـا بـۇ سـەدىقە ئۇھـۇد تېغىدىنمـۇ چـوڭ بولۇپ كېتىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 1014-ھەدىس)

② بـۇ ئايەتتىكى «قۇرۇقلـۇق» دېگەندىـن ئىنسـانلار ياشـايدىغان جايلار. «دېڭىـز» دېگەندىـن دېڭىـز سـاھىلىدىكى شـەھەرلەر ۋە يېـزا قىشـلاقلار كـۆزدە تۇتۇلىـدۇ. ﴿فَسَادُ﴾ «ئاپـەت (يامانلىـق)» دېگەندىـن ئىنسـانلار جەمئىيىتىگـە، تۇرمۇشـىغا، خاتىرجەملىكىگـە ۋە تۇرالغـۇ جايلىرىغـا زىيـان كەلتۈرىدىغـان ھەرقانـداق بالا-قـازا ۋە بۇزغۇنچىلىـق كـۆزدە تۇتۇلىـدۇ. شـۇ ۋەجىدىـن ئۇنـى ئىنسـانلارنىڭ بىـر-بىرىگـە زۇلـۇم قىلىشـى، ئاللاھ بەلگىلىگـەن جازا قانۇنىنـى ئىجـرا قىلماسـلىق، ئەخلاقىـي قىممەتلەرنـى پايمـال قىلىـش، ئـادەم ئۆلتـۈرۈش، ناھـەق قـان تۆكـۈش قاتارلىـق گۇنـاھ ۋە يامانلىقلارنىـڭ ئومۇملىشـىپ كېتىشـى ئۈچۈنمـۇ قوللىنىشـقا بولىـدۇ. بـۇ سـۆزنى يەنـە قەھەتچىلىـك، ئۆلـۈم-يېتىمنىـڭ كـۆپ بولۇشـى، يۇرتنـى خاتىرجەمسـىزلىك قاپـلاپ كېتىـش، قاتتىـق يامغـۇر ۋە كەلكـۈن قاتارلىـق ئاللاھ تەرەپتىـن جـازا ۋە ئاگاھلانـدۇرۇش سـۈپىتىدە كېلىدىغـان بالا-قـازا ۋە ئاپەتلـەر ئۈچۈنمـۇ ئىشلىتىشـكە بولىـدۇ. دېمـەك، ئەگـەر ئىنسـانلار ئاللاھنىـڭ ئەمرىگـە خىلاپلىـق قىلىشـنى ئادەتكـە ئايلاندۇرىۋالسـا، قىلمىشـلىرىنىڭ جازاسـى سـۈپىتىدە ئاللاھ تەرەپتىـن ئۇلارنىـڭ خاراكتېـرى ۋە تەبىئىتـى يامانلىققـا مايىـل قىلىنىـپ، ئەمەللىرىنىـڭ يۆنىلىشـى گۇنـاھ تەرەپكـە بۇرۇۋېتىلىـدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن زېمىنـدا پىتنە-پاسـات

تارىلىدۇ، ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى قورقۇنچ ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىگىلەيدۇ، بۇلاڭ-تالاڭ، ئۇرۇش-جېدەل ئومۇملىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاسماندىنمۇ بالا-قازا ياغىدۇ، زېمىندىمۇ ھەرخىل ئاپەتلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاپەتلەردىن مەقسەت كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش بولىدۇ. يەنى ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئازابىنى ياكى ئومۇمىي ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ، گۇناھتىن يانسۇن، تەۋبە قىلسۇن، ئاللاھ تەرەپكە قايتسۇن دەپ ئاپەت كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە قانداق بىر جەمئىيەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ئومۇملاشسا، ئاللاھنىڭ جازا قانۇنلىرى ئىجرا قىلىنسا، زۇلۇم ئورنىنى ئادالەت ئىگىلىسە، ئۇنداق جەمئىيەتتە ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك بولىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى نازىل بولىدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «زېمىندا ھەد (يەنى شەرىئەت جازا قانۇنى) نىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئەھلى زېمىنغا قىرىق كۈن يامغۇر ياغقاندىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر». (سۈنەنى نەسائى **4909**-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە **2538**-ھەدىس) شۇنىڭدەك يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر گۇناھكار ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭدىن بەندىلەر، يۇرتلار، دەل-دەرەخلەر ۋە ھايۋانلارمۇ راھەتكە چىقىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى **6512**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **950**-ھەدىس)

قُلۡ سِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلُۚ كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّشۡرِكِينَ ﴿٤٢﴾ فَأَقِمۡ وَجۡهَكَ لِلدِّينِ ٱلۡقَيِّمِ مِن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا مَرَدَّ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِۖ يَوۡمَئِذٖ يَصَّدَّعُونَ ﴿٤٣﴾ مَن كَفَرَ فَعَلَيۡهِ كُفۡرُهُۥۖ وَمَنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا فَلِأَنفُسِهِمۡ يَمۡهَدُونَ ﴿٤٤﴾ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِن فَضۡلِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٤٥﴾

***(ئى پەيغەمبەر! سېنى ئىنكار قىلغانلارغا) «يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار (ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ جايلىرىغا قاراڭلاركى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق***

***بولغان، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىيارلىرىنى خاراپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئىبرەت قىلدى)، دېگىن. ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىك ئىدى① [42]. ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت) كېلىشتىن ئىلگىرى، سەن توغرا دىنغا يۈزلەنگىن②، بۇ كۈندە (ئىنسانلار پىرقىلەرگە) بۆلۈنىدۇ③ [43]. كىمكى كاپىر بولغان بولسا، (دوزاختا ئەبەدىي قېلىپ) كاپىرلىقىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا، مۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن (جەننەتتىن) ئورۇن ھازىرلىغان بولىدۇ④ [44]. (بۇ) ئاللاھنىڭ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۆز پەزلىدىن مۇكاپاتلىشى ئۈچۈندۇر⑤. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ [45].***

① بۇ ئايەتتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش قەۋملەرنىڭ ھالاك بولىشىغا سەۋەب بولغان ئەڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدى. ئۇ قەۋملەرنىڭ باشقا گۇناھ ۋە يامانلىقلىرىمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۇ گۇناھلارنىمۇ ئىنسان ئۆز نەپسىگە قۇل بولۇشنى ئۆزى تاللاپ سادىر قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بەزى ئۆلىمالار ئۇنى ئېتىقاتتىكى شېرىكتىن ئايرىپ، ئەمەلدىكى شېرىك دەپ ئاتايدۇ.

② يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ كېلىشىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. شۇڭا بۇ كۈن كېلىشتىن بۇرۇن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىنى تاللىغىن، ياخشى ئەمەللەر بىلەن نامە-ئەمالىڭنى تولدۇرۇۋالغىن.

③ يەنى ئىككى پىرقىگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، مۇئمىنلەر پىرقىسى، يەنە بىرى، كاپىرلار پىرقىسى بولىدۇ. مۇئمىنلەر پىرقىسى جەننەتكە، كاپىرلار پىرقىسى جەھەننەمگە ئايرىلىدۇ.

④ " مَهْدٌ " يول ھازىرلاش، بىسات سېلىش، جاي ھازىرلاش دېگەن مەنىدە، يەنى ئۇلار ياخشى ئەمەل ئارقىلىق جەننەتكە كىرىشكە ۋە ئۇ يەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشكە يول ھازىرلىغان بولىدۇ.

⑤ ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى بولمىسا، ياخشى ئەمەل بىلەنلا جەننەتكە كىرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئاللاھ ئۆز پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن

بىر ياخشىلىققا ئۇن ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىدۇ.

وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَن يُرْسِلَ ٱلرِّيَاحَ مُبَشِّرَٰتٍ وَلِيُذِيقَكُم مِّن رَّحْمَتِهِۦ وَلِتَجْرِىَ ٱلْفُلْكُ بِأَمْرِهِۦ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٤٦﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ رُسُلًا إِلَىٰ قَوْمِهِمْ فَجَآءُوهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَٱنتَقَمْنَا مِنَ ٱلَّذِينَ أَجْرَمُوا۟ ۖ وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٤٧﴾

*ئاللاھنىڭ (بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللىرىدىن بىرى شاماللارنى (يامغۇردىن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشىدۇر①، بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز رەھمىتىدىن تېتىتىشى ئۈچۈن②، ئەمرى بىلەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزلاردا مېڭىشى ئۈچۈن③، (كېمىلەر ئارقىلىق تىجارەت قىلىپ) ئۇنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن④ ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر⑤ [46]. (ئى پەيغەمبەر!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا (ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان) كۆپلىگەن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى). (ئۇلارغا قۇلاق سالماي) گۇناھقا پاتقانلارغا تېگىشلىك جازا بەردۇق. مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىش بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزدۇر⑥ [47].*

① يەنى بۇ شاماللار يامغۇرنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ.

② يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولغان يامغۇر بىلەن ئىنسانلارمۇ ھۇزۇرلىنىپ، خۇرسەنلىك ھېس قىلىدۇ، زىرائەتلەرمۇ كۆكلەپ ياشنايدۇ.

③ يەنى كېمىلەرمۇ ئەنە شۇنداق شاماللارغا موھتاج بولىدۇ.

مەسىلەن: يەلكەنلىك كېمىلەر شامال بىلەن ماڭىدۇ. ھازىرقى دەۋردە ئىنسانلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقىل ۋە ماھارەتنى ئىشلىتىپ، موتور بىلەن ماڭىدىغان كېمە ۋە پاراخوتلارنى ياساپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ، بۇ پاراخوتلار مۇۋاپىق مىقداردا شامالغا موھتاج بولىدۇ. ئۇ پاراخوتلار ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا شىددەتلىك دولقۇنلار بىلەن ئۇلارنىمۇ غەرق قىلىۋېتىشكە قادىردۇر.

④ يەنى ئەنە شۇ كېمىلەردە ئولتۇرۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

⑤ ھېچكىم ساناپ بولالمايدىغان، كۆزگە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر. يەنى بۇ نېمەتلەرنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە شۇ ۋەجىدىن ھازىرلاپ بەردىكى، سىلەر ھاياتىڭلاردا ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، ئاللاھقا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلغايسىزلەر.

⑥ يەنى ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى قەۋمىڭگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندەك، سەندىن ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەرلەرنى قەۋملىرىگە ئەۋەتكەن ئىدۇق. بۇ پەيغەمبەرلەردە يېتەرلىك دەلىل ۋە مۆجىزىلەر بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قەۋملىرى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىدى. ئاخىرى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق جىنايىتى ۋە باشقا گۇناھلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، مۆئمىنلەرگە نۇسرەت بېرىش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش بىزگە لازىمدۇر. بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ بىر يېڭى ئىش ئەمەس، ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەرلەرگە قەۋملىرى شۇنداق مۇئامىلە قىلغان. ئاندىن كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتمىسا، ئاقىۋەتتە ئىلگىرىكى قەۋملەرگە ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ نۇسرىتى پەقەت مۆئمىنلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ غەلىبە-نۇسرەتكە پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار ئېرىشمەي قالمايدۇ.

ٱللَّهُ ٱلَّذِى يُرۡسِلُ ٱلرِّيَٰحَ فَتُثِيرُ سَحَابٗا فَيَبۡسُطُهُۥ فِى ٱلسَّمَآءِ كَيۡفَ

يَشَآءُ وَيَجۡعَلُهُۥ كِسَفٗا فَتَرَى ٱلۡوَدۡقَ يَخۡرُجُ مِنۡ خِلَٰلِهِۦۖ فَإِذَآ
أَصَابَ بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦٓ إِذَا هُمۡ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿٤٨﴾ وَإِن
كَانُواْ مِن قَبۡلِ أَن يُنَزَّلَ عَلَيۡهِم مِّن قَبۡلِهِۦ لَمُبۡلِسِينَ ﴿٤٩﴾ فَٱنظُرۡ
إِلَىٰٓ ءَاثَٰرِ رَحۡمَتِ ٱللَّهِ كَيۡفَ يُحۡيِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَآۚ إِنَّ ذَٰلِكَ
لَمُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٥٠﴾ وَلَئِنۡ أَرۡسَلۡنَا رِيحٗا
فَرَأَوۡهُ مُصۡفَرّٗا لَّظَلُّواْ مِنۢ بَعۡدِهِۦ يَكۡفُرُونَ ﴿٥١﴾

***ئاللاھ شۇنداق زاتتۇركى، ئۇ شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ①، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ②، (گاھى) ئۇنى ئۇششاق پارچىلارغا بۆلىدۇ③، شۇنىڭ بىلەن سەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئاللاھ يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ④ [48]. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە يامغۇر ياغدۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى [49]. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە — زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا قاراپ باققىن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى چوقۇم (ئاشۇنداق) تىرىلدۈرگۈچىدۇر⑤. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [50]. ئەگەر بىز (زىرائەتكە زىيانلىق) بوراننى ئەۋەتسەك، ئۇلار (بوران سەۋەبلىك) زىرائەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئىلگىرىكى نېمەتلىرىگە) تۇزكورلۇق قىلىشقا باشلايدۇ⑥ [51].***

① يەنى ئۇ بۇلۇتلار نەدە بولسا، شۇ يەردىن شاماللار ئۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

② يەنى ئاللاھ بۇلۇتنى ئاسماندا گاھى ماڭدۇرۇپ، گاھى توختىتىپ تۇرىدۇ، گاھىدا تۆۋەنگە چۈشۈرسە، گاھىدا ئۈچۈرۈپ، يىراقلار ئاپىرىپ قويىدۇ. مانا بۇ بۇلۇتلارنىڭ ئاسماندىكى ھەر خىل ھالەتلىرىدۇر.

③ يەنى بۇلۇتلارنى ئاسماندا تارقاتقاندىن كېيىن، گاھىدا ئۇلارنى چوڭ-كىچىك پارچىلارغا بۆلىدۇ.

④ ﴿وَدْقَ﴾ يامغۇر دېگەن مەنىدە. يەنى ئاللاھ تائالا خالىسا، ئۇ بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن يامغۇرغا ئېھتىياجلىق كىشىلەر مەمنۇن بولىدۇ.

⑤ «ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرى» دېگەندە يامغۇر سۈيى سۇغۇرغان زىرائەتلەردىن چىققان مول-ھوسۇل ۋە مېۋىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدىن كىشىلەر ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ. «قاراپ باققىن» يەنى ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىغىن دېمەكتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىغان ئادەم ئۇنىڭ قۇدرىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگىنىدەك، قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنىمۇ شۇنداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا قايىل بولىدۇ.

⑥ يەنى بىز يامغۇر بىلەن ياشارتقان زىرائەتكە ئەگەر قاتتىق (ئىسسىق ياكى سوغۇق) بورانني ئەۋەتسەك، ياپيېشىل زىرائەت سارغىيىپ كەتسە يەنى ئالىدىغان ھوسۇل نابۇت بولسا، تۇنۇگۇن يامغۇردىن خۇرسەن بولغانلار بۇگۈن ئاللاھقا تۇزكورلۇق قىلىشقا باشلايدۇ. دېمەك ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغانلاردا سەۋر-تاقەت ۋە تۇراقلىق مەۋقە بولمايدۇ. ئازراق نېمەتكە ئېرىشسە، خۇشال بولۇپ، تەنتەنە قىلىپ كېتىدۇ. ئازراق كۈلپەت يەتسە، تېزلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما، مۇئمىنلەر ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئەكسىچە يول تۇتىدۇ. بۇ نۇقتا ئىلگىرى بايان قىلىندى.

فَإِنَّكَ لَا تُسْمِعُ ٱلْمَوْتَىٰ وَلَا تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا وَلَّوْا۟
مُدْبِرِينَ ﴿٥٢﴾ وَمَآ أَنتَ بِهَٰدِ ٱلْعُمْىِ عَن ضَلَٰلَتِهِمْ ۖ إِن تُسْمِعُ إِلَّا
مَن يُؤْمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا فَهُم مُّسْلِمُونَ ﴿٥٣﴾ ۞ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن
ضَعْفٍ

*شەكسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە (يەنى قەلبى ئۆلگەن كاپىرلارغا دەۋىتىڭنى) ئاڭلىتالمايسەن①، ئارقىسىنى قىلىپ (سەندىن) يۈز*

***ئۆرۈگەن② گاسلارغىمۇ دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن③ [52]. سەن (دىلى) كورلارنىمۇ ئازغۇنلۇقىدىن (چىقىرىپ) ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگۈچى ئەمەسسەن④، سەن (دەۋىتىڭنى) پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن⑤، ئۇلار مۇسۇلمانلاردۇر⑥ [53]. ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتقان⑦، ئاندىن ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلغان⑧،***

① يەنى ئۆلۈكلەردە ئاڭلاش ۋە چۈشىنىش سېزىمى بولمىغاندەك، بۇ كاپىرلارمۇ سېنىڭ دەۋىتىڭنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ئاجىزدۇر.

② بۇ ئىبارە ئۇلارنىڭ ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بەردى. يەنى ئۇلار ئۆلۈك ۋە گاس بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەقنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن، ئارقىسىنى قىلىپ يۈز ئۆرۈپ كېتىۋاتسا، ھەق سۆز ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا قانداق كىرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ قەلبى ۋە ئىدىيەسىگە قانداق تەسىر قىلىدۇ؟

③ يەنى سېنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىڭ ئۇلارغا تەسىر قىلمايدۇ. ھەقنى ئاڭلاشتىن قۇلاقلىرى گاس بولغان كىشىلەرگە دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن.

④ چۈنكى ئۇلار كۆزلىرىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە پايدىلانمىغانلار ياكى بايقاش ئىقتىدارى (ئەقىل كۆزى) بىلەن ھەقنى پەرق ئېتەلمىگەنلەردۇر. دېمەك، سەن بۇ گۇمراھلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلارنى ئۇنىڭدىن چىقىرىشقا قادىر بولالمايسەن.

⑤ يەنى بۇلار سۆزۈڭنى ئاڭلاپ ئىمان ئېيتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ نەتىجىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغان، ئۇلاردىن ھەقىقىي مەرىپەت ھاسىل قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن تەسىر-لىنىدىغانلاردۇر.

⑥ يەنى بۇلار ھەقىقەت ئالدىدا باش ئېگىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلاردۇر.

⑦ بۇ ئايەتتىن باشلاپ ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتىنى ئىزھار قىلىپ، ئىنساننى ھەر خىل باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھەر باسقۇچتىكى ھالىتىنى بايان قىلىدۇ. بۇ يەردىكى «ئاجىز» دېگەن

ئىنسانىنىڭ ئاجىزلىق ھالىتى يەنى ئابىمەنى ھالىتى ياكى باللىق دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ يەنى زورايتىپ قورام ھالىتىگە كەلتۈرگەن. بۇ ئىنسانىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتى نامايەن بولىدىغان ياشلىق دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ.

ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعۡدِ ضَعۡفٖ قُوَّةٗ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعۡدِ قُوَّةٖ ضَعۡفٗا وَشَيۡبَةٗۚ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡقَدِيرُ ﴿٥٤﴾ وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يُقۡسِمُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ مَا لَبِثُواْ غَيۡرَ سَاعَةٖۚ كَذَٰلِكَ كَانُواْ يُؤۡفَكُونَ ﴿٥٥﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ وَٱلۡإِيمَٰنَ لَقَدۡ لَبِثۡتُمۡ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡبَعۡثِۖ

*ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلغان ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزگەن زاتتۇر①. ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ②، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر [54]. قىيامەت③ قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ④، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدىمۇ) ئەنە شۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى⑤ [55]. (دۇنيادا ئۆزلىرىگە) ئىلىم ۋە ئىمان ئاتا قىلىنغان كىشىلەر (ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق) دەيدۇ⑥: «شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا (يەنى تەقدىرىدە يېزىلغىنى بويىچە)⑦ تىرىلىش كۈنىگە قەدەر تۇردۇڭلار⑧،*

① بۇ يەردىكى «ئاجىز قىلغان» دېگەن ئاجىزلىق ھالەتنى يەنى ئىنسانىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىشقا باشلىغان ۋە ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى «قېرىلىق» ئىنسانىنىڭ ياشىنىپ قالغان دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسان ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ھىممىتى تۆۋەنلەيدۇ، قول-پۇت ھەرىكەتلىرى زەئىپلىشىپ، بىر نەرسىنى چىڭ تۇتالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، چاچ ئاقىرىدۇ، تېرە قورۇلىدۇ، ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنسان ھاياتىدىكى بۇ مۇھىم تۆت باسقۇچنى بايان

قىلىدى. بەزى ئۆلىمالار قۇرئان كەرىمدە مۆجىزە سۈپىتىدە ئىخچام بايان قىلىنغان مەزكۇر باسقۇچلارغا باشقا كىچىك باسقۇچلارنى قوشۇپ، تەپسىلىي شەكىلدە بايان قىلىدى. مەسىلەن، ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دېدى: ئىنسان بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا، بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئەسلى تۇپراقتىن يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان. تۇپراقتىن يارىتىلىشنىڭ يەنە بىر شەكلى شۇكى، ئىنسان يېگەن ئوزۇقلۇقتىن جىسمىدا ئابىمەنىي پەيدا بولىدۇ، بۇ ئابىمەنىي ئانىنىڭ رەھىمىگە كىرىپ، بالىنىڭ تۆرىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ، بۇ ئوزۇقلۇق تۇپراقتىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچتا ئىنسان ئابىمەنىيدىن لەختە قانغا ئايلىنىدۇ، ئاندىن بىر پارچە گۆشكە، ئاندىن سۆڭەككە ئايلىنىدۇ. ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ناھايىتى يۇمشاق، نازۇك، ئاجىز ۋە كۈچسىز ھالەتتە تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئاستا-ئاستا ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. ئاندىن ئۆسمۈرلۈك باسقۇچىغا، ئاندىن قىرانىغا يېتىپ يىگىتلىك باسقۇچىغا كىرىدۇ. ئاندىن تەدرىجىي ئوتتۇرا ياشقا، ئاندىن قېرىلىق باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ، ئاندىن ياشىنىپ قالغاندا ئۆلۈم ئۇنى قويىنىغا ئالىدۇ.

② ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەر ئىچىدە كۈچلۈكمۇ ۋە ئاجىزمۇ باردۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدەك مەزكۇر باسقۇچلاردا كۈچ-قۇۋۋەتمۇ ۋە ئاجىزلىقمۇ بولىدۇ.

③ ﴿السَّاعَةُ﴾ دېگەن ۋاقىت، سائەت، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتكەن ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن قىيامەت كۆزدە تۇتۇلغان. قىيامەتنىڭ «سائەت» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، قىيامەت ئاللاھ خالىغان بىر سائەتتە بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، قىيامەت قايىم بولغان سائەت دۇنيانىڭ ئاخىرقى سائىتى بولىدۇ.

④ دۇنيادا ياكى قەبرىلەردە پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ. بۇ يەردە ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار، بىرىنچىسى: ئۇلار ئۆز ئادىتى بويىچە يالغان قەسەم قىلىپ، دۇنيادا پەقەت ئازغىنە مۇددەت تۇردۇق، دەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىككىنچىسى: قەبرىلەردە پەقەت ئازغىنە مۇددەت تۇردۇق دەپ قەسەم قىلىدۇ، ئەمما بۇ بىلمەي تۇرۇپ قىلغان قەسەم

بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار قەبرىلەردە قانچە مۇددەت تۇرغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكتىن دۇنيا ھاياتى ئۇلارغا ئازغىنە مۇددەت، قىسقا ۋاقىتتەك بىلىنىدۇ.

⑤ " أَفَكَ الرَّجُلُ " بۇ ئادەم يالغان ئېيتتى، يالغاننى توقۇدى، راستچىللىقتىن بۇرۇلدى دېگەن مەنىدە. دېمەك، ئۇلار راستچىللىقتىن بۇرۇلۇپ كەتكەنلەردەك، دۇنيادىمۇ يالغاننى توقۇپ يۈرەتتى ياكى ئۆزلىرىنى ئالداپ يۈرەتتى.

⑥ دەل مۇشۇ ئىلىم ۋە ئىمان بېرىلگەن كىشىلەر دۇنيادىمۇ ئۇلارغا پاكىت كۆرسىتىپ، ھەقنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

⑦ بۇ يەردىكى ﴿كِتَٰبِ ٱللَّهِ﴾ «ئاللاھنىڭ كىتابى» دېگەن ئاللاھنىڭ ئىلمى ۋە ھۆكمى يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدىكى يېزىلغان تەقدىرنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ يەنى سىلەر تۇغۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، دۇنيادا ۋە قەبرىلەردە قىيامەت كۈنىگىچە قالدىڭلار.

فَهَٰذَا يَوۡمُ ٱلۡبَعۡثِ وَلَٰكِنَّكُمۡ كُنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ٥٦ فَيَوۡمَئِذٖ لَّا
يَنفَعُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مَعۡذِرَتُهُمۡ وَلَا هُمۡ يُسۡتَعۡتَبُونَ ٥٧ وَلَقَدۡ ضَرَبۡنَا
لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٖۚ وَلَئِن جِئۡتَهُم بِـَٔايَةٖ لَّيَقُولَنَّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا مُبۡطِلُونَ ٥٨ كَذَٰلِكَ يَطۡبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ
قُلُوبِ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ ٥٩ فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞۖ وَلَا
يَسۡتَخِفَّنَّكَ ٱلَّذِينَ لَا يُوقِنُونَ ٦٠

***مانا بۇ تىرىلىش كۈنىدۇر، ئەمما سىلەر (بۇنىڭ ھەقلىقىنى) بىلمەيتتىڭلار»① [56]. بۇ كۈندە زالىملارنىڭ (ئېيتقان) ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلاردىن ئاللاھنى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ② [57]. شەك - شۈبھىسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا***

***كىشىلەرگە تولۇق مىساللارنى بايان قىلدۇق③. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلارغا بىرەر ئايەت كەلتۈرسەڭ④، بۇ كاپىر بولغانلار ئەلۋەتتە: «سىلەر (يەنى سەن ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەر) پەقەت باتىلغا ئەگىشىۋاتقان ئادەملەرسىلەر (يالغانچىلارسىلەر)» دەيدۇ⑤ [58]. (دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەيدىغانلارنىڭ دىللىرىنى ئاللاھ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ [59]. (ئى پەيغەمبەر!) چىداملىق بولغىن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى شەكسىز ھەقتۇر⑥، (ئاخىرەتكە) چىن ئىشەنمەيدىغانلار (نىڭ قىلمىشى) سېنى ھەرگىز يەڭگىللىك قىلىشقا ئېلىپ بارمىسۇن⑦ [60].***

① يەنى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭلار، ھەتتا ئىنكار قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن قىيامەتنىڭ تېزراق بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلار.

② يەنى ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلۇپ، تەۋبە ۋە ئىتائەت ئارقىلىق ئاللاھنى رازى قىلىشقا پۇرسەت بېرىلمەيدۇ.

③ ئۇ مىساللار بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭ باتىل ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ.

④ مەيلى ئۇ قۇرئان كەرىم بايان قىلغان بىرەر دەلىل بولسۇن ياكى ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە كەلتۈرۈلگەن قايسىبىر مۆجىزە بولسۇن، ئۇلار ئۇنى يالغان دەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ.

⑤ يەنى سىلەر سېھىردىن ئىبارەت باتىلغا ئەگىشىۋاتقان ئادەملەرسىلەر، دەيدۇ. دېمەك ئۇلار روشەن دەلىل-پاكىتلارنى ۋە كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرسىمۇ، بەربىر ئىمان ئېيتمايدۇ، نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىندى، سەۋەب شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، دىلنىڭ پېچەتلەنگەنلىكى ئۇلارنىڭ كۇفۇرلۇق ۋە ئىتائەتسىزلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ ئاخىرقى چەككە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ھەق تەرەپكە قايتىدىغان بارلىق يوللار ئۇلار ئۈچۈن توسۇلغان بولىدۇ.

⑥ يەنى ئۇ كاپىرلارنىڭ تەرسالىقى، سېنى رەنجىتىدىغان سۆزلىرى

قىلغانلىقى ۋە سەن بىلەن قارشىلاشقانلىقىغا قارىتا چىداملىق بولغىن. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قارشى ساڭا ياردەم بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىسى شەكسىز ھەقتۇر، ئۇ ۋەدىسىنى ھەر ھالەتتە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

⑦ يەنى ئۇلار سېنى غەزەپلەندۇرۇپ، سەۋر ۋە چىدامچانلىقىنى تاشلاشقا ياكى مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويمىسۇن، سەن ئۆز مەۋقەيىڭدە مۇستەھكەم تۇرغىن، ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ بۇرۇلۇپ كەتمىگىن.

# سۈرە لۇقمان

| (٣١) سورة لقمن مكية ٣٤ آية | (31) سۈرە لوقمان مەككىدە چۈشكەن 34 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓمٓ ۝١ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱلْكِتَٰبِ ٱلْحَكِيمِ ۝٢ هُدًى وَرَحْمَةً
لِّلْمُحْسِنِينَ ۝٣ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم
بِٱلْـَٔاخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ۝٤

***ئەلىف، لام، مىم① [1]. بۇ، ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر [2]. (دىنغا) مۇكەممەل ئەمەل قىلغۇچىلار② ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر [3]. ئۇلار ئاخىرەت كۈنىگە جەزمەن ئىشەنگەن ھالدا، نامازنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، (ئاللاھنىڭ رىزاسىنى تىلەش يۈزىسىدىن كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن) زاكات بېرىدىغان كىشىلەردۇر③ [4].***

① بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك ھەرپلەر يەنى ئايرىم-ئايرىم ئوقۇلىدىغان ھەرپلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭ ئىككى مۇھىم پايدىسىنى بايان قىلدى. بىرىنچىسى: قۇرئان كەرىم ئەنە شۇنداق ئۈزۈك ھەرپلەردىن تەركىپ تاپقان بولسىمۇ، ئەرەبلەر بۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىتابنى ۋۇجۇدقا

كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە، قۇرئان چۈشۈرۈلگەن پەيغەمبەرنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىگە، ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ئىنسانلارنىڭ موھتاج ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. چۈنكى، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى مۇشۇ شەرىئەت بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. ئىككىنچىسى: مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ دوست-يارەنلىرىنى قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشتىن توسۇپ تۇراتتى. ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈرىلەرنى مۇشۇنداق ئۈزۈك ھەرپلەر بىلەن باشلىغانلىقى ھېچكىم ئىشلىتىپ باقمىغان بۇ يېڭىچە بايان قىلىش ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قۇرئاننى ئاڭلاشقا تارتىش ئىدى. (ئەيسەر تەپاسىر) توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

② ﴿المُحْسِنِيْنَ﴾ '' مُحْسِنٌ ''نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بىر مەنىسى: ئاتا-ئانىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، ھاجەتمەنلەرگە، موھتاجلارغا ئېھسان قىلغۇچى، ياخشىلىق قىلغۇچى. ئىككىنچى مەنىسى: ياخشى ئىش قىلغۇچى، يەنى يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ياخشى ئىشنى بىرىنچى بولۇپ قىلغۇچى. ئۈچىنچى مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن، بويسۇنغان ۋە قورققان ھالدا ئىبادەت قىلغۇچى. ئۇنىڭ مەنىسى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىسەن، ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ». قۇرئان كەرىم ئومۇمەن پۈتۈن جاھان ئەھلىگە ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر، ئەمما ئۇنىڭدىن ھەقىقىي پايدا ئالىدىغانلار پەقەت ﴿المُحْسِنِيْنَ﴾ «(دىنغا) مۇكەممەل ئەمەل قىلغۇچىلار» ۋە ﴿المُتَّقِيْنَ﴾ «تەقۋادارلاردۇر». شۇ ۋەجىدىن بۇ ئايەتتە شۇنداق بايان قىلىندى.

③ ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە ئاخىرەتكە جەزمەن ئىشىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئەمەل ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى. بولمىسا، ﴿المُحْسِنِيْنَ﴾ «(دىنغا) مۇكەممەل ئەمەل قىلغۇچىلار» ۋە ﴿المُتَّقِيْنَ﴾ «تەقۋادارلار» مەزكۇر ئۈچ ئەمەلنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق پەرز ۋە سۈننەتلەرنى ھەتتا مۇستەھەپ ئەمەللەرنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغانلاردۇر.

أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدٗى مِّن رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ٥ وَمِنَ

ٱلنَّاسِ مَن يَشْتَرِى لَهْوَ ٱلْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ بِغَيْرِ
عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿٦﴾ وَإِذَا تُتْلَىٰ
عَلَيْهِ ءَايَٰتُنَا وَلَّىٰ مُسْتَكْبِرًا كَأَن لَّمْ يَسْمَعْهَا كَأَنَّ فِىٓ أُذُنَيْهِ وَقْرًا ۖ
فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٧﴾

*ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) رەببىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر① [5]. بەزى كىشىلەر ھېچبىر ئىلىمگە ئاساسلانماستىن (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ② ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدۇ③. ئەنە شۇلارغا خارلىغۇچى ئازاب بار④ [6]. ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇ گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا يۈز ئۆرۈيدۇ⑤. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن [7].*

① مەقسەتكە يەتكۈچىلەرنىڭ سۈپەتلىرى سۈرە بەقەرە ۋە سۈرە مۆئمىنۇننىڭ بېشىدا بايان قىلىنىدى.

② يۇقىرىدا ئاللاھنىڭ كىتابىدىن يول تاپىدىغان ۋە ئۇنى ئاڭلاشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان سائادەتمەن كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بەختسىز كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئەمما ناخشا-مۇزىكا، نەغمە-ناۋانى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ، ئۇ نەرسىلەردىن ھۇزۇر ھېس قىلىدۇ. «سېتىۋالىدۇ» يەنى كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن سېتىۋېلىپ، ئۆيلىرىگە تىزىدۇ ۋە شۇنداق نەرسىلەردىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ﴿لَهْوَ الْحَدِيثِ﴾ بىھۇدە گەپلەر دېگەندە ناخشا-مۇزىكا قويىدىغان ئۈسكۈنىلەر، ئۇنقويغۇ، سىنقويغۇ ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئىبارەت ئىنسانىي ياخشى ئەمەلدىن توسىدىغان ۋە مەسئۇلىيەتلىرىدىن غەپلەتتە قالدۇرىدىغان ھەرقانداق بىر نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلارنىڭ قاتارىغا سېرىق مەزمۇندىكى ھېكايە، چۆچەك، پوۋېست، رومان، دراما،

گېزىت-ژۇرنالـلار ۋە شـەرم-ھايا دائىرىسـىدىن چىقىپ كەتكـەن رادىئـو، تېلـېۋىزور، ۋې.سى.ئار. ۋىدىئو-فىلىملـەر، يېڭـى پەيـدا بولغـان مېدىيـا ۋاسىـتىلىرى ۋە تـور بەتلەرمـۇ كىرىـدۇ. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىـدە دىنغـا قارشـى تۇرىدىغـان بىـر قىسـىم ئادەملـەر كىشـىلەرنىڭ دىللىرىنـى ناخشـا-مۇزىكا بىلـەن مەشغۇل قىلىـپ، قۇرئاننـى ئاڭلاشـتىن ۋە ئىسـلامنى چۈشىنىشـتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ساز چېلىـپ، ناخشـا ئېيتالايدىغـان دېدەكلەرنـى سېتىۋالاتتى. بـۇ ئېتىبـار بىلـەن مەزكـۇر چەكلىمىگـە كۈنىمىزدە كىنـو چولپىنـى، سەنئەتچى (ئەسلىدە سانائەتتە ماھىـر دېگـەن مەنىـدە بولسـىمۇ)، مەدەنىيـەت ئەلچىسـى دېگەنـدەك «چىرايلىـق، جەلپكار» نامـلار بىلـەن چاقىرىلىدىغـان بىـر قىسـىم ئارتىس، سازچى، ناخشىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ فىلىملىرىمۇ كىرىدۇ.

③ مەزكـۇر بىھـۇدە نەرسـىلەر سـەۋەبىدىن ئىنسـان ئاللاھنىـڭ يولىدىن چىقىپ، گۇمراھلىق يولىغا كىرىپ قالىدۇ، يەنە ئۇنىڭدا دىننى مەسخىرە قىلىدىغان خاراكتېر پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

④ مەزكـۇر «بىھـۇدە گەپلەر»نـى قوللىغـان، رىغبەتلەندۈرگـەن ۋە يـاردەم بەرگـەن ھۆكۈمـەت ئەربابلىـرى، ئىدارە-ئورگانـلار، مەتبۇئات خوجايىنلىـرى، قەلـەم ئىگىلىـرى ۋە سېنارىيېچىلەرمۇ بـۇ خارلىغۇچـى ئازابقـا لايىـق بولىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

⑤ بـۇ مەزكـۇر بىھـۇدە ئويۇن-تاماشـاغا بېرىلىـپ كەتكـەن ئادەمنىـڭ ئەھۋالى بولـۇپ، ئۇنىڭغـا قۇرئاننىـڭ ئايەتلىـرى ئاڭلىتىلسـا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سـۆزلىرى ئوقـۇپ بېرىلسـە، گويـا ئۇنـى ئاڭلىمىغانـدەك گاس بولۇۋالىدۇ، ۋاھالەنكى ئۇ گاس ئەمەستۇر. ئـۇ شـۇ تەرىقىـدە ھەقتىـن يەنى ئاللاھنىـڭ ئايەتلىرىگـە قـۇلاق سېلىشـتىن يـۈز ئۆرۈيـدۇ. چۈنكـى، ئـۇ ھەقنى ئاڭلاشـتىن بىئاراملىـق ھېـس قىلىـدۇ، شـۇڭا ئۇنىڭغـا ھەقنى ئاڭلاشـتىن ھېـچ پايـدا ھاسـىل بولمايـدۇ. ﴿وَقۡرٗا﴾ يەنـى قۇلاقلىـرى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك ھەقنى ئاڭلىيالماسلىق دېمەكتۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ جَنَّٰتُ ٱلنَّعِيمِ ٨
خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٗاۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٩ خَلَقَ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ بِغَيۡرِ عَمَدٖ تَرَوۡنَهَاۖ وَأَلۡقَىٰ فِي ٱلۡأَرۡضِ رَوَٰسِيَ أَن تَمِيدَ

بِكُمْ وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍۚ وَأَنزَلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَنۢبَتْنَا
فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍ كَرِيمٍ ﴿١٠﴾

***شۇبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن نازۇ - نېمەتلىك جەننەتلەر بار [8]. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ھەق ۋەدىسىدۇر①. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [9]. ئاللاھ سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتى②، سىلەرنى تەۋرەتمىسۇن دەپ، يەر يۈزىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتى③، زېمىندا تۈرلۈك جانلىقلارنى تارقاتتى④. بىز ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق⑤ [10].***

① يەنى بۇ ۋەدە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. «ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ».

② ﴿تَرَوْنَهَا﴾ (ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر) دېگەن پېئىل (تۈۋرۈك) نىڭ سۈپىتى دەپ ئېلىنسا، ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر ئاسماننى تۈۋرۈكسىز كۆرۈپ تۇرىۋاتىسىلەر يەنى ئاسماننىڭ تۈۋرۈكلىرى بار، ئەمما سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، دېگەن بولىدۇ.

③ ﴿رَوَاسِيَ﴾ " رَاسِيَةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مۇستەھكەم، مۇقىم تۇرىدىغان دېگەن مەنىدە. يەنى زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى، مۇستەھكەم، مۇقىم تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۈستىگە ۋەزنى ئېغىر تاغلارنى ئورناتتى. " أَنْ تَمِيدَ بِكُمْ يَعْنِي كَرَاهَةَ أَنْ تَمِيدَ (تَمِيلَ) بِكُمْ أَوْ لِئَلَّا تَمِيدَ يەنى زېمىننىڭ سىلەر بىلەن ئۇڭ - سول تەرەپكە ئېغىپ كەتمەسلىكى ياكى دومىلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن. ئادەتتە دېڭىز ساھىلىغا توختىتىلغان چوڭ پاراخوتلارنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۈستىگە چوڭ، ئېغىر لەڭگەرلەر تاشلاپ قويۇلىدۇ، تاغلارمۇ زېمىن ئۈچۈن ئاشۇ لەڭگەرلەرگە ئوخشاشتۇر.

④ يەنى ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە خىلمۇخىل جانلىقلارنى يارىتىپ، زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تاراتتى. ئىنسانلار ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى

يەيدۇ، ئۈستىگە مىنىدۇ ۋە يۈكلىرىنى ئارتىدۇ. ئۇلارنى زىننەت سۈپىتىدە ھەم كۆرگەزمە قىلىش ئۈچۈن باقىدۇ.

⑤ ﴿زَوۡجٍ﴾ بۇ يەردە تۈر مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ﴿كَرِيمٍ﴾ «پايدىلىق» ئۇنىڭ سۈپىتىدۇر. يەنى ئۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى ھەرخىل، نەپىس، رەڭگى چىرايلىق، مەنزىرىسى گۈزەل، پايدىسى مول دېگەنگە ئىشارەت قىلىدۇ.

هَٰذَا خَلۡقُ ٱللَّهِ فَأَرُونِي مَاذَا خَلَقَ ٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦۚ بَلِ ٱلظَّٰلِمُونَ
فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿١١﴾ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا لُقۡمَٰنَ ٱلۡحِكۡمَةَ أَنِ ٱشۡكُرۡ لِلَّهِۚ
وَمَن يَشۡكُرۡ فَإِنَّمَا يَشۡكُرُ لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ
حَمِيدٞ ﴿١٢﴾ وَإِذۡ قَالَ لُقۡمَٰنُ لِٱبۡنِهِۦ وَهُوَ يَعِظُهُۥ يَٰبُنَيَّ لَا تُشۡرِكۡ
بِٱللَّهِۖ إِنَّ ٱلشِّرۡكَ لَظُلۡمٌ عَظِيمٞ ﴿١٣﴾

***مانا بۇ ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىدۇر①. ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلارچۇ، ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتىپتۇ؟② بەلكى بۇ زالىملار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر [11]. بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق③، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن④، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر» [12]. ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن⑤. چۈنكى، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر»⑥ دېگەن ئىدى [13].***

① ﴿هَٰذَا﴾ (مانا بۇ) دېگەن كۆرسىتىش ئالماش يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاللاھ تائالا ياراتقان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

② يەنى سىلەر چوقۇنۇۋاتقان ۋە يېلىنىپ مەدەت تىلەۋاتقان بۇتلىرىڭلار ئاسمان ۋە زېمىندا نېمىلەرنى ياراتتى؟ ئۇلار ياراتقان دەپ

بىرەر نەرسىنى كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ؟ دېمەك ھەممىنى ياراتقۇچى پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. شۇنداق بولغاندا ئىبادەتكە لايىق زاتمۇ پەقەتلا شۇ ئاللاھتۇر. كائىناتتا ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە ۋە مەدەت تىلەپ دۇئا قىلىشقا لايىق ھېچكىم يوقتۇر.

③ لوقمان ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىدىن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھېكمەت يەنى ئەقىل-ئىدراك، توغرا ئىدىيە، يىراقنى كۆرىدىغان دىنىي كۆز (ۋە ئىقتىدار) ئاتا قىلغان ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: سەن بۇ ھېكمەتكە قانداق ئېرىشتىڭ؟ دەپ سورىغاندا ئۇ: راستچىللىق، دىيانەت، كەمسۆزلۈك يەنە پايدىسىز سۆزلەردىن يىراق تۇرۇش بىلەن ئېرىشتىم، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ دانالىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر مەشھۇر ۋەقە بار. ئىمام ئىبنى جەرىر، خالىد ئىبنى رەبىئىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: لوقمان بىر قۇل ئىدى. بىر كۈنى خوجايىنى ئۇنىڭغا بۇ قوينى سويۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەڭ پاك ئىككى پارچە گۆشنى ئېلىپ كەل، دېدى. لوقمان ئۇنىڭ ئالدىغا تىل بىلەن يۈرەكنى ئېلىپ كەلدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خوجايىنى ئۇنىڭغا: بۇ قوينى سويۇپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ پاسكىنا ئىككى پارچە گۆشنى ئېلىپ كەل، دېدى. لوقمان يەنە تىل بىلەن يۈرەكنى ئېلىپ كەلدى. خوجايىنى ئۇنىڭغا: ساڭا قويدىن ئەڭ پاك ئىككى پارچە گۆشنى ئېلىپ كەل، دەپ بۇيرۇق قىلسام، تىل بىلەن يۈرەكنى ئېلىپ كەلدىڭ، ئۇنىڭدىن ئەڭ پاسكىنا ئىككى پارچە گۆشنى ئېلىپ كەل دەپ بۇيرۇسام، يەنە تىل بىلەن يۈرەكنى ئېلىپ كەپسەنغۇ؟ دېدى. لوقمان مۇنداق دېدى: ئەگەر تىل بىلەن يۈرەك پاك بولسا، ئۇنىڭدىن پاك ھېچنەرسە يوق، ئەگەر ئۇ ئىككىسى پاسكىنا بولسا، ئۇ ئىككىسىدىن پاسكىنا ھېچنەرسە يوق. دەپ جاۋاب بەردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ شۈكۈر قىلىش دېگەن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش دېمەكتۇر.

⑤ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ھەممىدىن بۇرۇن لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان بىرىنچى نەسىھىتىنى نەقىل قىلدى: لوقمان بىرىنچى قىلىپ ئوغلىنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن چەكلىدى. بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلاش ئۈچۈن، ھەممىدىن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

⑥ بۇ ﴿چۈنكى، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر﴾ دېگەن جۈملە بەزى مۆپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە لوقماننىڭ سۆزىدۇر. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇلار بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدىغان بىر ھەدىس نەقىل قىلغان، ئۇنىڭدا مۇنداق كەلگەن: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ئىمانىغا ھېچقانداق بىر زۇلۇمنى (شېرىكنى) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە كەلسەك، (ئازابتىن) ئەمىنلىك ئەنە شۇلارغا خاستۇر. ئۇلار توغرا يول تاپقۇچىلاردۇر﴾. (سۈرە ئەنئام 82-ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، بۇ ئايەت ساھابىلەرگە ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇلار: كىم ئىمانىغا زۇلۇم ئارىلاشتۇرماسلىقتىن ساقلىنالايدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇلارغا ئىزاھات بېرىپ) دېدىكى، «شەكسىزكى، ئۇ سىلەر چۈشەنگەندەك ئەمەس، (يەنى بۇ يەردىكى زۇلۇم شېرىكنى كۆرسىتىدۇ) سىلەر لوقماننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟»: ﴿ئى ئوغۇلچىقىم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، چۈنكى، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر﴾. (سەھىھۇل بۇخارى 4776-ھەدىس)

وَوَصَّيۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيۡهِ حَمَلَتۡهُ أُمُّهُۥ وَهۡنًا عَلَىٰ وَهۡنٖ وَفِصَٰلُهُۥ فِي
عَامَيۡنِ أَنِ ٱشۡكُرۡ لِي وَلِوَٰلِدَيۡكَ إِلَيَّ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٤﴾ وَإِن جَٰهَدَاكَ عَلَىٰٓ أَن
تُشۡرِكَ بِي مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٞ فَلَا تُطِعۡهُمَاۖ وَصَاحِبۡهُمَا فِي
ٱلدُّنۡيَا مَعۡرُوفٗاۖ وَٱتَّبِعۡ سَبِيلَ مَنۡ أَنَابَ إِلَيَّۚ ثُمَّ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ
فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿١٥﴾

***بىز ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا (قىلىدىغان خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق①. ئانىسى ئۇنىڭغا قاتمۇقات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈردى②. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى③. (بىز ئۇنىڭغا دېدۇقكى) «ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھمدۇر [14]. ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا يۈزلەنگەن***

*ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەنگەنلەرنىڭ يولىغا ئەگەشكىن④ ، ئاندىن قايتىدىغان جايىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمدۇر، شۇ چاغدا مەن سىلەرگە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن⑤» [15].*

① بۇ يەردە ئاللاھنى يەككە ـ يىگانە دەپ ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە ئاتا ـ ئانىغا (قىلىدىغان خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش تەكىتلەندى. بۇنىڭدىن بۇ نەسىھەتنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ئايان بولىدۇ.

② دېمەك تۇرەلمە ئانىنىڭ رەھىمىدە يوغىناشقا باشلىغاندا، ئانىنىڭ يۈكىمۇ ئېغىرلىششقا باشلايدۇ. تۇرەلمە يوغىنىغانچە ئانا ئاجىزلىششقا باشلايدۇ. بۇ يەردە ئانىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى. بۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا ئانىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقى، ئانىنىڭ ھەققىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ھەدىسلەرمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

③ بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، بوۋاقنى ئېمىتىش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپ ئەمەس.

④ يەنى مۇئمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگەشكىن.

⑤ يەنى مەن تەرەپكە قايتىدىغان ۋە يۈزلىنىدىغانلارنىڭ (يەنى مۇئمىنلەرنىڭ) يولىغا ئەگىشىڭلار. چۈنكى، ئاخىرى سىلەر ھەممىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، مەن ھەر كىشىگە قىلمىشىغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىمەن. ئەگەر مېنىڭ يولۇمغا ئەگەشسەڭلار، مېنى ياد ئېتىپ تۇرۇپ ھايات كەچۈرسەڭلار، قىيامەت كۈنى مېنىڭ دەرگاھىمدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىسىلەر، بولمىسا ئازابقا لايىق بولىسىلەر. يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ تېمىسى لوقماننىڭ نەسىھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ئەمدى يەنە لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئارىدا ئىككى ئايەتنى ئاللاھ تائالا قىستۇرما جۈملە شەكلىدە كەلتۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىغا (قىلىدىغان خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشنى تەكىتلىدى. بۇنىڭدا بىر قانچە مۇھىم نۇقتا بار، بىرىنچى: بۇ قىستۇرما جۈملە لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان خىتابىدۇر. ئىككىنچى: ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە

ئاتا-ئانىغا بويسۇنۇش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش زۆرۈردۇر. ئۈچىنچى: شېرىك شۇ قەدەر چوڭ گۇناھكى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئاتا-ئانا بۇيرۇسىمۇ، ئۇلارغا بويسۇنماسلىق كېرەك.

يَٰبُنَيَّ إِنَّهَآ إِن تَكُ مِثۡقَالَ حَبَّةٖ مِّنۡ خَرۡدَلٖ فَتَكُن فِي صَخۡرَةٍ أَوۡ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَوۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَأۡتِ بِهَا ٱللَّهُۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٞ ١٦ يَٰبُنَيَّ أَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ وَأۡمُرۡ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَٱنۡهَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَآ أَصَابَكَۖ إِنَّ ذَٰلِكَ مِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ ١٧

*(لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! ئەگەر ئۇ (ئىش) قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ)① . شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [16]. ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن② (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ). شەكسىز(ئىشەنگىن)كى، بۇلار مۇستەھكەم ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان (تەكىتلەنگەن) ئىشلاردىندۇر③ [17].*

① «ئۇ (ئىش)» دېگەندىكى ئالماش ياخشى ئىشنى ياكى يامان ئىشنى كۆرسەتسىمۇ مەنىسى ئوخشاش بولىدۇ. دېمەك ئىنسان ياخشى ئىش ياكى يامان ئىشنى ھەر قانچە يوشۇرۇپ قىلسىمۇ، ئۇنى ئاللاھتىن يوشۇرۇپ قالالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ يەنى ئۇنىڭ بەدىلىنى بېرىدۇ. ياخشى ئەمەل بولسا، مۇكاپات؛ يامان ئەمەل بولسا، جازاسىنى بېرىدۇ. بۇ يەردە قىچىنىڭ دانىسى مىسال سۈپىتىدە كەلتۈرۈلدى. چۈنكى، ئۇ شۇ قەدەر كىچىك ھەم ۋەزنسىز بولۇپ، تارازىنىڭ پەللىسىنى ئېگەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك مىسالغا تىلغا ئېلىنغان ئۇيۇل تاشمۇ (ئىنسانلار ياشايدىغان جايدىن يىراق جاڭگاللاردا ۋە تاغلاردا) ئەڭ بىخەتەر ۋە مەخپىي جايلاردا بولىدۇ. بۇ

مەزمۇننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستىمۇ بايان قىلغان: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار تۆشۈكى يوق، ئىشىك ۋە دېرىزىسى يوق ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە ئەمەل قىلسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى كىشىلەرگە ئاشكارا قىلىدۇ، قانداق ئەمەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر». (مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد 3-توم، 28-بەت) چۈنكى، ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر. ئەڭ ئىنچىكە ۋە ئەڭ مەخپىي نەرسىلەرمۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. ئۇ ھەممىدىن خەۋەردار، ھەتتا قاراڭغۇ كېچىدىكى مىڭىپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدىنمۇ خەۋەرداردۇر.

② بۇ ئايەتتە ناماز ئوقۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، بۇ يولدا ئۇچرىغان ئەزىيەت ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىش تەۋسىيە قىلىندى. چۈنكى، بۇ ئۈچ ئەمەل ئەڭ مۇھىم ئىبادەتلەر ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ نېگىزىدۇر.

③ يەنى مەزكۇر ئىشلار ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە پەرز قىلغان ۋە ئالاھىدە تەكىتلىگەن ئەمەللەردىندۇر. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، بۇ ئايەتتە مۇستەھكەم ئىرادە تىكلەشكە ۋە غەيرەت قىلىشقا تەرغىب قىلىندى. چۈنكى ئىرادە ۋە غەيرەت بولماستىن مەزكۇر ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَٰلِكَ﴾ ئاۋۇ دېگەن ئالماش سەۋرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشقا ئەمر قىلىندى. بۇ يولدا ئومۇمەن ئەزىيەت، مۇشكۈللۈك، تاپا-تەنە ۋە كۆلپەتلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇيرۇقتىن كېيىنلا سەۋر قىلىش تەكىتلەندى. بۇ سەۋر ۋە چىدامچانلىقنىڭ ئىرادە تىكلەش ۋە غەيرەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەمەللەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، سەۋر-تاقەت دېگەن ئىرادىلىك ۋە ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ مۇھىم قورالىدۇر. ئۇنىڭسىز دەۋەت-تەبلىغ پەرزىنى ئادا قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي ٱلْأَرْضِ مَرَحًاۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٖ فَخُورٖ ﴿١٨﴾ وَٱقْصِدْ فِي مَشْيِكَ وَٱغْضُضْ مِن صَوْتِكَۚ إِنَّ أَنكَرَ ٱلْأَصْوَٰتِ لَصَوْتُ ٱلْحَمِيرِ ﴿١٩﴾

***تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈمىگىن① ، يەر يۈزىدە غادىيىپ ماڭمىغىن. چۈنكى ئاللاھ ھەرقانداق ھاكاۋۇر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ② [18]. يول يۈرگەندە ئوتتۇراھال بولغىن③ ، ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن. شەكسىزكى، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر»④ [19].***

① يەنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، كىشىلەرنى كەمسىتمىگىن، ساڭا سۆز قىلىۋاتقان كىشىلەرگە ئارقاڭنى قىلمىغىن ياكى گەپ ئارىلىقىدا ئاغزىڭنى پۈرۈشتۈرمىگىن. ﴿لَا تُصَعِّرْ﴾دىكى " صَعْر " دېگەن سۆز ئەسلىدە تۆگىنىڭ بېشى ياكى بويىندا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، بۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئۇنىڭ بويىنى بۇرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە تۆگە ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ كېسەل سەۋەبىدىن بويىنىنى بۇرىيالمىغان تۆگە خۇددى تەكەببۇرلۇق بىلەن بويىنىنى ئەگمەي گىدىيىپ تۇرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ سۆز بۇ يەردە تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. (تەپسىرى ئىبنى كەسىر)

② ئىنسان ئۆزىنىڭ مال-دۇنياسى، ھوقۇق-مەنسىپى ۋەياكى كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ماختىنىشى ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشى ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان ئىشلادۇر. چۈنكى، ئىنسان ئاجىز ۋە زەئىپ بەندىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا ئاجىزلىق ۋە كەمتەرلىك ئىزھار قىلىشىنى ياقتۇرىدۇ. ھەددىدىن ئېشىپ تەكەببۇرلۇق قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. تەكەببۇرلۇق پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاس سۈپەتتۇر. ئاللاھ تائالا بارلىق كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئىگىسىدۇر. بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «قەلبىدە قىچا مىقدارى كىبىرى بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ». (مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد 1-توم، 412-بەت، سۈنەنى تىرمىزى 1998-ھەدىس) «كىمكى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، كىيىمنى يەرگە سۆرەپ ماڭىدىكەن، ئاللاھ تائالا (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ». (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 9-، 10-بەت، سەھىھۇل بۇخارى 5788-ھەدىس ) ئەمما تەكەببۇرلۇق قىلماستىن ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلەرنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىش، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش، ئوبدان تاماقلارنى يېيىش قاتارلىقلار جايىز ئىشلار جۈملىسىدىندۇر.

③ يەنى بىمار ئادەمدەك مىسلداپ ئاستىمۇ ماڭمىغىن،

تەمكىنلىكنى يوقاتقان ئالدىراقسان ئادەمدەك تېزمۇ ماڭمىغىن، بەلكى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا ھال ماڭغىن. بۇ نۇقتا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدى: ﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ﴾. (سۈرە فۇرقان 63-ئايەت)

④ يەنى ۋارقىراپ، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلمىغىن. بەك يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش سۆيۈملۈك بولىدىغان بولسا، ئېشەكنىڭ ئاۋازى ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولغان بولاتتى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. بەلكى، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممىدىن يېقىمسىز ۋە زېرىكەرلىكتۇر. شۇ ۋەجىدىن ھەدىستە: «ئېشەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالساڭلار، شەيتاندىن پاناھ تىلەڭلار». دېيىلگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 3303-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2729-ھەدىس)

أَلَمْ تَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ
وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُۥ ظَٰهِرَةً وَبَاطِنَةً ۗ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ
فِى ٱللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَٰبٍ مُّنِيرٍ ﴿٢٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ
ٱتَّبِعُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ بَلْ نَتَّبِعُ مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۚ أَوَلَوْ
كَانَ ٱلشَّيْطَٰنُ يَدْعُوهُمْ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ﴿٢١﴾ ۞ وَمَن يُسْلِمْ
وَجْهَهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ ٱسْتَمْسَكَ بِٱلْعُرْوَةِ ٱلْوُثْقَىٰ ۗ وَإِلَى
ٱللَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلْأُمُورِ ﴿٢٢﴾

*كۆرمىدىڭلارمۇكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن خىزمەتكە سېلىپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى)①، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى②. بەزى كىشىلەر ھېچ نەرسىنى بىلمەي، ھىدايەتكە ۋە نۇرلۇق كىتابقا ئېرىشمەي تۇرۇپ ئاللاھ ھەققىدە جېدەللىشىدۇ③ [20]. ئەگەر ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ④، شەيتان*

***ئۇلارنى دوزاخ ئازابىغا چاقىرغان تۇرسىمۇ (ئۇلار يەنىلا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشەمدۇ؟) [21]. كىمكى (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا⑤، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن⑥، ئۇ مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ⑦. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر [22].***

① " تَسْخِيْرٌ "نىڭ بىر مەنىسى پايدىلىنىش (مەنپەئەت ئېلىش) بولۇپ، بۇ يەردە «مەخلۇقاتنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن خىزمەتكە سېلىپ بېرىش» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلدى. مەسىلەن: ئاسماندىكى ئاللاھ ياراتقان قۇياش، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالا شۇنداق بىر نىزامغا بويسۇندۇرغان قىلىپ ياراتقانكى، ئۇلار شۇ نىزام بويىچە ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىنسانلار ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ. " تَسْخِيْرٌ " نىڭ ئىككىنچى مەنىسى بويسۇندۇرۇپ بېرىشتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى ھايۋانلارنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئىنسانلار بۇ ھايۋانلارنى ئىشلىتىدۇ، زېمىندىن ۋە ئۇنىڭدىن چىققان نەرسىلەردىن پايدىلىنىدۇ. دېمەك " تَسْخِيْرٌ " نىڭ مەنىسى شۇ بولىدىكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەتكە سېلىنغان، مەيلى ئۇ نەرسىلەر ئىنسانلارنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا بولسۇن ۋە ئۇلارغا بىۋاستە بويسۇندىغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى «ئاشكارا نېمەتلەر» ئەقىل-ئىدراك ۋە سەزگۈ ئەزالار بىلەن ھېس قىلغىلى بولىدىغان نېمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. «يوشۇرۇن نېمەتلەر» بولسا ئىنسان سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ھېس قىلالمايدىغان نېمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى خىل يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەر شۇ قەدەر چەكسىز بولۇپ، ئىنسانلار ئۇنى ساناپ بولالمايدۇ.

③ شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە كىشىلەر ئاللاھ تائالا ھەققىدە جېدەللىشىدۇ، بەزىلەر ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەققىدە جېدەللەشسە، بەزىلەر ئۇنىڭ شېرىكى بار دەپ جۆيلۈيدۇ، بەزىلەر ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى ۋە شەرىئەتلىرى ھەققىدە جېدەللىشىدۇ.

④ يەنى ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ. ئۇلاردا ھېچقانداق ئەقلىي دەلىل يوق، نە قولىدا بىر ھىدايەتكە باشلىغۇچىنىڭ

يولىيورۇقى ۋە كۆرسەتمىسى يوق، نە قايسى بىر ساماۋى سەھىپىدىن ئىسپاتى يوق. گويا ئۇلار قولىدا قورالى يوق ئۇرۇش قىلىدىغانلاردۇر.

⑤ بۇيرۇلغان نەرسىگە ئەگەشكەن، چەكلەنگەن نەرسىدىن يىراق تۇرغان ھالدا.

⑥ يەنى كىمكى پەقەت ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈنلا ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىدىكەن.

⑦ يەنى بۇ ئادەم ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى ئازابلىماسلىقىقا مەزمۇت ۋەدە ئالغان بولىدۇ.

وَمَن كَفَرَ فَلَا يَحۡزُنكَ كُفۡرُهُۥٓۚ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُهُمۡ فَنُنَبِّئُهُم بِمَا
عَمِلُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٢٣ نُمَتِّعُهُمۡ قَلِيلٗا ثُمَّ نَضۡطَرُّهُمۡ
إِلَىٰ عَذَابٍ غَلِيظٖ ٢٤ وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّنۡ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ
لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۚ قُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ٢٥ لِلَّهِ مَا فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡغَنِيُّ ٱلۡحَمِيدُ ٢٦

*كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كاپىرلىقى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن①، ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. شۇ چاغدا ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز②، ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر③ [23]. ئۇلارنى (دۇنيالىقتىن) ئازغىنە (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابقا ھەيدەيمىز④ [24]. ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ⑤. سەن (ئۇلارغا): «ئاللاھقا شۈكرىكى (ئاخىر ئېتىراپ قىلدىڭلار)» دېگىن⑥. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ [25]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر⑦. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر⑧، مەدھىيىگە لايىقتۇر⑨ [26].*

① چۈنكى ئىمان سائادىتىگە مۇشەررەپ بولۇش ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىدە يوق. سېنىڭ تىرىشچانلىقلىرىڭ ئۆز جايىدا، خاھىشلىرىڭمۇ قەدىرلەشكە لايىق، ئەمما ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە خاھىشى ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غالىبتۇر.

② يەنى ئۇلارنى شۇ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازالايمىز.

③ ئۇلار ئاللاھ تائالادىن ھېچنەرسىنى يوشۇرالمايدۇ.

④ يەنى ئۇلار دۇنيادا قاچانغىچە ياشايدۇ؟ ئۇلار دۇنيانىڭ ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىدىن قاچانغىچە بەھرىمەن بولىدۇ؟ بۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ راھەت-پاراغىتى بىر قانچە كۈنلۈكتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

⑥ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقى بىلەن ئۆزلىرىگە قارشى پاكىت تۇرغۇزۇلغان بولدى.

⑦ يەنى ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىمۇ ئاللاھ، ئىگىسىمۇ ئاللاھ، كائىناتنى باشقۇرۇپ، تەسەررۇپ قىلىپ تۇرغۇچىمۇ ئاللاھتۇر.

⑧ ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن بىھاجەتتۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس.

⑨ ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان بارلىق مەخلۇقات ئىچىدە مەدھىيىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ياراتقان شەيئىلەر ۋە يولغا قويغان شەرىئەتلەرگە ئاساسەن مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇ ھەممە ئىشلاردا مەدھىيەگە لايىقتۇر، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ھەمدۇساناغا لايىق زات پەقەت ئاللاھ تائالادۇر.

وَلَوۡ أَنَّمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ مِن شَجَرَةٍ أَقۡلَٰمٞ وَٱلۡبَحۡرُ يَمُدُّهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦ
سَبۡعَةُ أَبۡحُرٖ مَّا نَفِدَتۡ كَلِمَٰتُ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ٢٧ مَّا
خَلۡقُكُمۡ وَلَا بَعۡثُكُمۡ إِلَّا كَنَفۡسٖ وَٰحِدَةٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ بَصِيرٌ ٢٨
أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِ وَسَخَّرَ

ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ كُلّٞ يَجۡرِيٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى وَأَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿٢٩﴾

*(ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن) ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز ـ ئوكيان (سىياھ بولغان)، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز قوشۇلۇپ (سىياھ بولغان) تەقدىردىمۇ (قەلەملەر سۇنۇپ، سىياھلار قۇرۇپ تۈگەيدۇ)، ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ھەرگىز تۈگىمەيدۇ①. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [27]. (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (قىيامەت كۈنى) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار (ئوڭايلىقتا) پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر②. شەكسىزكى، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [28]. كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ (يەنى كېچىنى قىسقا، كۈندۈزنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (يەنى كۈندۈزنى قىسقا، كېچىنى ئۇزۇن قىلىدۇ)③، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى (سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ئۆز ئوربىتىسىدا) سەير قىلىدۇ④. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [29].*

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈكلۈكى، ئۇلۇغلۇقى، كاتتىلىقى، گۈزەل ئىسىملىرى، يۈكسەك سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بۈيۈكلىكىگە دالالەت قىلىدىغان سۆزلەر بايان قىلىنىدىكى، ئۇ سۆزلەر شۇ قەدەر كۆپ بولۇپ، ھېچكىم ئۇلارنىڭ سانىنى ئىگىلەپ بولالمايدۇ. ھېچكىم ئۇلارنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ماھىيىتىنى تولۇق بىلىپ بولالمايدۇ، ئۇلارنى ساناپمۇ تۈگىتەلمەيدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۇلارنى ساناپ، خاتىرىلىمەكچى بولۇپ، يەر يۈزىدىكى جىمى دەرەخلەرنى قەلەم قىلسىمۇ، دېڭىزلارنى سىياھ قىلسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىزنىڭ سۈيىنى سىياھ قىلىپ قوشقان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈكلۈكىنى، يۈكسەك سۈپەتلىرىنى، ئۇنىڭ يارىتىش ۋە سانائەتتىكى ئاجايىباتلىرىنى يېزىپ تۈگىتىپ

بولالمايدۇ. بۇ ئايەتتە يەتتە دېڭىزنىڭ تىلغا ئېلىنىشى پەقەت مۇبالىغە ئۈچۈن، دېڭىزلارنىڭ سانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە سۆزلىرىنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. (تەپسىرى ئىبنى كەسىر) بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى سۈرە كەھفنىڭ ئاخىرىسىدىمۇ بايان قىلىندى.

② يەنى ئۇنىڭ قۇدرىتى شۇ قەدەر كاتتا ۋە بۈيۈكتۈركى، سىلەر ھەممىڭلارنى يارىتىش ياكى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈش بىر جاننى تىرىلدۈرگەندەك ياكى بىر جاننى ياراتقانچىلىك بىر ئىشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىرەر شەيئىنى يارىتىشنى خالىسا، ئۇنى «بول» دېگەن بىر سۆز بىلەنلا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

③ يەنى كېچىنىڭ بىر قىسمىنى كۈندۈزگە قوشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۈندۈز ئۇزۇن، كېچە قىسقا بولۇپ قالىدۇ، بۇ ياز پەسلىدە بولىدۇ. ئاندىن كۈندۈزنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ، كېچىگە قوشۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېچە ئۇزۇن، كۈندۈز قىسقا بولۇپ قالىدۇ، بۇ قىش پەسلىدە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز قۇدرەت كامالى بىلەن قۇياش، يەر ۋە ئاي شارىلارغا بەلگىلىگەن ھەرىكەت مىزانلىرى بويىچە كەم-كۈتسىز، نۇقسانسىز ھالدا ئاشىدۇ.

④ «مۇئەييەن مۇددەتكىچە» نىڭ بىر مەنىسى قىيامەتكىچە، يەنى ئاللاھ تائالا ئالدىن بەلگىلەپ قويغان كۈن بىلەن ئاينىڭ چىقىش ۋە پېتىش تەرتىپى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ئىككىنچى مەنىسى: «بىر مۇئەييەن مەنزىلگىچە» يەنى ئاللاھ تائالا كۈن بىلەن ئاينىڭ سەير قىلىشى ئۈچۈن مۇئەييەن بىر مەنزىل ۋە بىر دائىرە بەلگىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەير قىلىشى شۇ مەنزىلگىچە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى كۈنى ئۇ يەردىن چىقىپ دەسلەپكى مەنزىلگە بارىدۇ. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇزەر! كۈننىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدىم. ئۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، ئەرشىنىڭ ئاستىغا بېرىپ (ئاللاھ تائالاغا) سەجدە قىلىدۇ. ئاندىن پەرۋەردىگارىدىن (قايتا چىقىشقا) رۇخسەت سورايدۇ (ئاندىن قايتا چىقىدۇ). بىر كۈن كېلىدۇكى ئۇنىڭغا: كەلگەن جايىڭدىن قايتقىن (يەنى مەغرىبتىن چىققىن) دېيىلىدۇ، بۇنىڭغا ئاز قالدى» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 3199-ھەدىس، سەھىھ

مۇسلىم 250 ـ ھەدىس) مانا بۇ قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدْعُونَ مِن دُونِهِ ٱلْبَٰطِلُ وَأَنَّ
ٱللَّهَ هُوَ ٱلْعَلِىُّ ٱلْكَبِيرُ ﴿٣٠﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱلْفُلْكَ تَجْرِى فِى ٱلْبَحْرِ
بِنِعْمَتِ ٱللَّهِ لِيُرِيَكُم مِّنْ ءَايَٰتِهِۦٓ

***بۇ (مەزكۇر تەرتىپ ـ ئىنتىزاملار) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى باتىلدۇر①، ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ناھايىتى بۈيۈكتۇر② [30]. كۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نېمىتى (يەنى مەرھەمىتى ۋە ئەمرى) بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى ئاللاھنىڭ سىلەرگە (ئۆز قۇدرىتىنىڭ) بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر③.***

① يەنى كائىنات نىزامىنى باشقۇرۇۋاتقان زاتنىڭ پەقەت بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۇنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىرىنى ياكى ئۇنىڭ بەلگە ـ نىشانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەقىقىي ئىلاھتۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسى باتىلدۇر، يەنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدە ھېچقانداق ھوقۇق يوق، بەلكى ھەر نەرسە ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر. چۈنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئۇنىڭ قۇللىرىدۇر. ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنىسىز زەررە چاغلىق نەرسىنى مىدىرلىتىشقا قادىر ئەمەستۇر.

② يەنى ئاللاھ تائالادىن ئۈستۈن بولغان ھېچنەرسە يوق، ھېچكىم ئۇنىڭدىن بۈيۈك ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق نەرسىدىن بۈيۈكتۇر، ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكى، ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقى ئالدىدا ھەر قانداق نەرسە ئاجىز، تۆۋەن ۋە ئەرزىمەستۇر.

③ يەنى كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا يۈرۈشىمۇ ئۇنىڭ مەرھەمىتىنىڭ بىر بەلگىسى، ئۇنىڭ بويسۇندۇرۇپ بېرىش قۇدرىتىنىڭ بىر نەمۇنىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا شامال بىلەن سۇنى كېمىلەرنىڭ مېڭىشىغا ماسلىشىدىغان مۇناسىپ تەڭپۇڭلۇق ۋە مۇۋازىنەت بىلەن ياراتتى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، كېمىلەر سوغۇق شامال ۋە مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان دولقۇنلار ئىچىدە بىخەتەر يۈرەلمىگەن بولاتتى.

إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ ﴿٣١﴾ وَإِذَا غَشِيَهُم مَّوْجٌ
كَٱلظُّلَلِ دَعَوُا۟ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ فَلَمَّا نَجَّىٰهُمْ إِلَى ٱلْبَرِّ فَمِنْهُم
مُّقْتَصِدٌ ۚ وَمَا يَجْحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا كُلُّ خَتَّارٍ كَفُورٍ ﴿٣٢﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ
ٱتَّقُوا۟ رَبَّكُمْ وَٱخْشَوْا۟ يَوْمًا لَّا يَجْزِى وَالِدٌ عَن وَلَدِهِۦ وَلَا مَوْلُودٌ
هُوَ جَازٍ عَن وَالِدِهِۦ شَيْـًٔا ۚ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ ۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلْحَيَوٰةُ
ٱلدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ﴿٣٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥ عِلْمُ ٱلسَّاعَةِ
وَيُنَزِّلُ ٱلْغَيْثَ وَيَعْلَمُ مَا فِى ٱلْأَرْحَامِ ۖ وَمَا تَدْرِى نَفْسٌ مَّاذَا
تَكْسِبُ غَدًا ۖ وَمَا تَدْرِى نَفْسٌۢ بِأَىِّ أَرْضٍ تَمُوتُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ
خَبِيرٌۢ ﴿٣٤﴾

*ھەقىقەتەن بۇنىڭدا (تائەت ـ ئىبادەتتە) ناھايىتى چىداملىق، (ئاللاھقا) كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر (مۆئمىن) بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار① [31]. (دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ②، ئاللاھ ئۇلارنى (دېڭىز خەتەرلىرىدىن) قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئوتتۇرىدا تۇرۇۋالىدۇ (يەنى ئاللاھقا لايىقىدا شۈكۈر قىلمايدۇ)③. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت بىۋاپا، تۇزكور ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ④ [32]. ئى ئىنسانلار! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار. شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ⑤. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. شۇڭا، دۇنيا تىرىكچىلىكى سىلەرنى ھەرگىز ئالداپ قويمىسۇن، شەيتان سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ*

*مەغپىرىتىنىڭ كەڭلىكى) بىلەن ئالداپ قويمىسۇن [33]. شەكسىزكى، قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. يامغۇرنى ئاللاھ ياغدۇرىدۇ، بالىياتقۇدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچكىم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ⑥. شەكسىزكى، ئاللاھ (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر [34].*

① كۈلپەتكە سەۋر قىلىدىغانلار ۋە راھەت-پاراغەتتە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار.

② يەنى ئۇلارنىڭ كېمىسىنى تاغلاردەك ۋە بۇلۇتلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلىرى ئېسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ھەقىقىي مەبۇدقا يەنى پەقەت بىر ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ.

③ بەزى ئۆلىمالار ﴿مُقْتَصِدٌ﴾نىڭ مەنىسىنى «ئەھدىسىگە ئەمەل قىلغۇچى» دەپ تەپسىر قىلدى. يەنى، ئۇلارنىڭ بەزىسى دولقۇنلار ئارىسىدا قالغان چاغدا، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، ئىتائەت قىلىش، ئۇنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت قىلغان ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ. بۇ مەنىنى توغرا دەپ قارىغان ئۆلىمالار بۇ يەردە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان «ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ يەنى مۆئمىن بولىدۇ، يەنە بىر قىسمى كاپىر بولىدۇ» دېگەن ئىبارە بار دەپ بايان قىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) يەنە بىر قىسىم مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ﴿مُقْتَصِدٌ﴾نىڭ مەنىسى «ئىنكار قىلىش يۈزىسىدىن ئوتتۇرىدا تۇرۇۋالدۇ». يەنى ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، شۇ قەدەر چوڭ خەتەردىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھقا مۇكەممەل شەكىلدە ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلماي، ئوتتۇرىدا تۇرۇۋالامدۇ؟ بۇ ئېغىر ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھقا ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل شەكىلدە ئىبادەت

قىلىش لازىم ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئەمما ئالدىنقى مەنا ئايەتنىڭ سىياقىغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

④ ﴿خَتَّارٍ﴾نىڭ مەنىسى «غَدَّارٌ  يەنى خىيانەتكار، ۋاپاسىز، ئەھدىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەم. ﴿كَفُورٍ﴾ ناشۈكۈر، تۇزكور، نېمەتنى ئىنكار قىلغۇچى دېگەن مەنىدە.

⑤ ﴿جَازٍ﴾ " جَزَى يَجْزِىْ ''دىن تۈرلىنىپ چىققان ئېنىقلىغۇچى ئىسىم بولۇپ، بەدەل تۆلەش، پىدا قىلىش، تۆلەم بېرىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. دېمەك ئەگەر ئاتا بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلماقچى، بەدەل تۆلىمەكچى بولسا، ياكى بالا ئاتىسى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلماقچى، بەدەل تۆلىمەكچى بولسىمۇ، مۇمكىن بولمايدۇ. ھەر شەخس ئۆز قىلمىشىغا ئاساسەن جازالىنىدۇ. ئاتا-بالا بىر-بىرىگە ئەسقاتمىغان يەردە باشقا تۇغقانلار قانداقمۇ ئەسقاتسۇن؟ قانداقمۇ بىر-بىرىگە ياردەم قىلالىسۇن؟

⑥ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى بەشتۇر، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4777-ھەدىس) ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىق ئالامەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان، ئەمما قىيامەتنىڭ بولىدىغان ئېنىق ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىمنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھەتتا ئۇنى كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەرمۇ، ئاللاھنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرىمۇ بىلمەيدۇ.

2- يامغۇرنىڭ قاچان ياغىدىغانلىقىنى بەزىلەر ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ تەخمىنەن مۆلچەرلىيەلەيدۇ، لېكىن بۇ تەخمىني مۆلچەر ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن بەزىدە توغرا چىقىدۇ، بەزىدە خاتا چىقىدۇ، ھەتتا ھاۋا كىلىماتىنى تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ مەلۇماتىمۇ بەزىدە توغرا چىقمايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، يامغۇرنىڭ ئېنىق ياغىدىغان ۋاقتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

3- ھازىرقى ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ھامىلىنىڭ قىز ياكى ئوغۇللىقىنى بىلەلەيدۇ، بىراق بۇ بىلىش پەقەت ھامىلە تۆت ئايلىقتىن ئاشقاندا مۇمكىن بولىدۇ. بۇ يەردىكى بىلەلمەسلىك جان كىرگۈزۈلۈشنىڭ

ئالدىدىكى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ئانىنىڭ قورسىقىدا ئۆسۈپ-چوڭ بولۇۋاتقان بۇ ھامىلە بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ، چىرايلىقمۇ، سەتمۇ قاتارلىق ئىلمنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

4-ئىنسان ئەتە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىش قىلامدۇ ياكى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ئىش قىلامدۇ؟ ئەتە ئۇنىڭغا نېسىپ بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ ئەگەر نېسىپ بولسا، ئەتە ئۇ ياخشى ئىش قىلامدۇ ياكى يامان ئىش قىلامدۇ؟ بۇنى بىلمەيدۇ.

5-ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۆلۈم ئۇنىڭغا قەيەردە كېلىدۇ؟ ئۆيدىمۇ ياكى سىرتتىمۇ؟ ئۆز ۋەتىنىدىمۇ ياكى ياقا يۇرتتىمۇ؟ ياشلىقىدىمۇ ياكى قېرىغاندىمۇ؟ ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يەتكەندىن كېيىن كېلەمدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كېلەمدۇ؟ ھېچكىم بىلمەيدۇ.

# سۈرە سەجدە

| (٣٢) سورة السجدة مكية ٣٠ آية | (32) سۈرە سەجدە مەككىدە چۈشكەن 30 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

الٓمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ لَا رَيۡبَ فِيهِ مِن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾ أَمۡ
يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۚ بَلۡ هُوَ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوۡمًا مَّآ أَتَىٰهُم
مِّن نَّذِيرٍ مِّن قَبۡلِكَ لَعَلَّهُمۡ يَهۡتَدُونَ ﴿٣﴾

***ئەلىف، لام، مىيم [1]. (بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) نىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر① [2]. مۇشرىكلار: «ئۇنى (قۇرئاننى مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟② (ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس)، بەلكى ئۇ (قۇرئان) سەندىن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىگەن بىر قەۋمنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن③، رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر [3].***

★ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنلىرى بامدات نامىزىدا بىرىنچى رەكئەتتە سۈرە سەجدىنى ۋە ئىككىنچى رەكئەتتە سۈرە دەھرنى ئوقۇيتتى». (سەھىھ مۇسلىم 879-ھەدىس، سەھىھۇل بۇخارى 891-ھەدىس)

يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە مۇلكنى ئوقۇيتتى». (سۇنەنى تىرمىزى 2892_ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 3_توم، 340_بەت)

① دېمەك بۇ سېھىر، جادۇ، رەمباللىق كىتابى ئەمەس، يالغان قىسسەلەرگە تولغان ھېكايە كىتابىمۇ ئەمەس، نە توقۇلما ئەپسانىمۇ ئەمەس، بەلكى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھىدايەت كىتابىدۇر.

② ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى چۈشۈرگەن، بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقىدى، دەمدۇ؟ بۇ ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن كايىپ ئېيتىلغان سۆزدۇر.

③ بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى سەۋەبتۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، (ئىلگىرىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى) ئەرەبلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى. بەزى ئۆلىمالار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئەرەبلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ قارايدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر. بۇ ئېتىبار بىلەن بۇ يەردىكى قەۋمدىن پەقەت قۇرەيشلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا ئىلگىرى ھېچ پەيغەمبەر كەلمىگەن ئىدى.

ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ
ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۖ مَا لَكُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَلِىٍّ وَلَا شَفِيعٍ ۚ أَفَلَا
تَتَذَكَّرُونَ ﴿٤﴾ يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ إِلَى ٱلْأَرْضِ ثُمَّ يَعْرُجُ إِلَيْهِ
فِى يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُۥٓ أَلْفَ سَنَةٍ مِّمَّا تَعُدُّونَ ﴿٥﴾ ذَٰلِكَ عَـٰلِمُ
ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَـٰدَةِ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٦﴾

*ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىگەن زاتتۇر①. سىلەرگە ئاللاھتىن*

***باشقا ھېچقانداق ئىگە يوق، شاپائەت قىلغۇچىمۇ يوق②. سىلەر (بۇنىڭدىن) نەسىھەت ئالماسسىلەر؟③ [4]. ئاللاھ ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (ھەممە) ئىشنى ئىدارە قىلىدۇ④، ئاندىن بۇ (ئىشلار) ئۆزۈنلۈقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە ئۇنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ⑤ [5]. ئەنە شۇ يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، مۇتلەق غالىب ۋە ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھتۇر [6].***

① بۇ مەزمۇن ئىلگىرى سۈرە ئەئراف 54-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغان ئىدى. بۇ يەردە قايتا تەكرارلىنىشتىكى مەقسەت، ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتى ۋە مەخلۇقاتىدىكى ئاجايىباتىنىڭ تىلغا ئېلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر قۇرئانغا دىققەت بەرسۇن ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلسۇن ئۈچۈندۇر.

② ئۇ يەردە سىلەرگە ياردەم قىلالايدىغان ۋە سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچبىر دوست بولمايدۇ. شاپائەت قىلىپ سورىۋالىدىغان بىرەر شاپائەتچىمۇ بولمايدۇ.

③ يەنى ئى ئاللاھنىڭ غەيرىيگە چوقۇنغۇچىلار! ئى ئاللاھنىڭ غەيرىيگە تەۋەككۇل قىلغۇچىلار! سىلەر تېخىچە بۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالماسسىلەر؟

④ ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەرشى ۋە لەۋھۇلمەھپۇز جايلاشقان ئاسماندىن زېمىنغا تەقدىر ۋە ئۆزى تەدبىر قىلغان ئىشلارنى چۈشۈرىدۇ. يەنى ئىشلارنى يۇقىرىدىن تەدبىر بىلەن باشقۇرىدۇ، ئۇ ئىشلار زېمىندا ئىجرا قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆلۈم، ھاياتلىق، ساغلاملىق، كېسەللىك، بايلىق، كەمبەغەللىك، رىزىق، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش، تىنچلىق، ئىززەت، خارلىق قاتارلىق ئىشلار. ئاللاھ تائالا ئەرشىنىڭ ئۈستىدىن ئۆزى بەلگىلىگەن تەقدىر بويىچە مەزكۇر ئىشلارنى ئىدارە قىلىدۇ.

⑤ يەنى ئاندىن بۇ بىر كۈندە مەزكۇر (ئاللاھ ئىدارە قىلىدىغان) ئىشلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. يەنە بىر مەنىسى: بۇ بىر كۈندە ئەمەللەر دۇنيا ئاسمىنىنىڭ (يەنى بىرىنچى قەۋەت ئاسماننىڭ) ئۈستىدىكى نامە - ئەماللار ساقلىنىدىغان ئارخىپ دەپتەرگە ئۆرلەيدۇ. دېمەك مەزكۇر

ئىشلارنى پەرىشتىلەر زېمىنغا چۈشۈپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ. پەرىشتىلەردىن باشقىلار ئۈچۈن ئاسماندىن چۈشۈشكە 500 يىل، ئاسمانغا ئۆرلەشكە 500 يىل، جەمئىي مىڭ يىل كېتىدۇ. بۇ بىز ئىنسانلار سانايدىغان مىڭ يىلدۇر. ئەمما، پەرىشتىلەر بۇ مۇساپىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە باسىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، بۇ يەردىكى «كۈن» دېگەندىن قىيامەت كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا سۇنۇلىدۇ. بۇ ئايەتتىكى «كۈن» نىڭ زادى قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار بولۇپ كەلگەن. ئىمام شەۋكانى بۇ ھەقتە 15، 16 خىل قاراشنى توپلىغان. ئەيسەر تەپاسىرنىڭ يازغۇچىسى مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز قۇرئان كەرىمدە ئۈچ جايدا كەلگەن، ھەر بىرىدە ئايرىم-ئايرىم مەنا مەقسەت قىلىنغان. مەسىلەن: سۈرە ھەج 48-ئايەتتىكى «كۈن» دېگەندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ۋاقىت ۋە مۇددەت مەقسەت قىلىنغان. سۈرە مەئارىج 4-ئايەتتە ئۇ كۈننىڭ مىقدارى ئەللىك مىڭ يىلدۇر، دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن ھېساب كۈنى مەقسەت قىلىنغان. بۇ ئايەتتە كەلگەن كۈندىن بۇ دۇنيا ئاخىرلىشىپ، بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغان دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنى مەقسەت قىلىنغان. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ قاراشلارنى مۇنداق خۇلاسىلىگەن: قىيامەت كۈنىنىڭ مۇددىتى كاپىرلارغا بېرىلىدىغان ئازابنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن ئەللىك مىڭ يىلمۇ بولىدۇ، مىڭ يىلمۇ بولىدۇ.

ٱلَّذِىٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَىۡءٍ خَلَقَهُۥۖ وَبَدَأَ خَلۡقَ ٱلۡإِنسَٰنِ مِن طِينٖ ﴿٧﴾
ثُمَّ جَعَلَ نَسۡلَهُۥ مِن سُلَٰلَةٖ مِّن مَّآءٖ مَّهِينٖ ﴿٨﴾ ثُمَّ سَوَّىٰهُ وَنَفَخَ
فِيهِ مِن رُّوحِهِۦۖ وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا
مَّا تَشۡكُرُونَ ﴿٩﴾ وَقَالُوٓاْ أَءِذَا ضَلَلۡنَا فِى ٱلۡأَرۡضِ أَءِنَّا لَفِى خَلۡقٖ
جَدِيدِۭۚ بَلۡ هُم بِلِقَآءِ رَبِّهِمۡ كَٰفِرُونَ ﴿١٠﴾

***ئاللاھ (ئۆزى ياراتقان) ھەر نەرسىنى مۇكەممەل (چىرايلىق) ياراتقان زاتتۇر①، ئۇ ئىنساننى يارىتىشنى دەسلەپتە لايدىن***

***باشلىدى② [7]. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (بولغان مەني)دىن ياراتتى③ [8]. ئاندىن ئۇنى (يەنى ئادەمنى) بىجىرىم (ئىنسان) قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىدى (يەنى جان كىرگۈزدى)④. يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى⑤، سىلەر تولىمۇ ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر⑥ [9]. ئۇلار: «بىز يەر ئاستىدا (تۇپراققا ئايلىنىپ) يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن راستتىنلا قايتا يارىتىلامدۇق؟» دەيدۇ⑦، بەلكى ئۇلار رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر [10].***

① يەنى ئاللاھ تائالا ھەر قانداق نەرسىنى ھېكمەت بىلەن ۋە بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ياراتقان. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ياراتقان شەيئىلەردە بەدىئىي گۈزەللىك ۋە ئالاھىدىلىك جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ياراتقان بارلىق شەيئىلەر چىرايلىق، پۇختا ۋە مۇكەممەلدۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿أَحۡسَنَ﴾ دېگەندىن پۇختا ۋە مەزمۇت قىلدى دېگەن مەنىنى ئالسا، بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿أَحۡسَنَ﴾دىن " أَلْهَمَ " «ئىلھام قىلدى، دىلىغا سالدى» دېگەن مەنىنى ئالغان يەنى ئاللاھ تائالا ھەر بىر مەخلۇققا ئۇ موھتاج بولىدىغان نەرسىنى ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈردى.

② يەنى دەسلەپتە تۇنجى ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى، ئۇنىڭدىن ئىنسانلارنىڭ نەسلى باشلاندى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەۋۋانى ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى. بۇ نۇقتا ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان.

③ قالغان ئىنسانلارنى مەني ئارقىلىق نەسىل قالدۇرىدىغان قىلدى. دېمەك ئىنسان بىر جۈپ ئەر-ئايال قىلىنىپ يارىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەسلىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن، بىر قانۇنىيەت بەلگىلىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەر بىلەن ئايال نىكاھلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتى بىلەن ئايالنىڭ رەھمىگە كىرگەن مەنيىدىن ئىنسان يارىتىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ نەسلى ئەنە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

④ يەنى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن يارىتىپ، ئىنسان شەكلىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىدى. ئاللاھ

تائالا ئىنساننىڭ نەسلىنى داۋام قىلىش ئۈچۈن، تۆرەلمىنى ئانىنىڭ قورسىقىدا چوڭ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەزالىرىنى يارىتىدۇ، شەكىلگە كىرگۈزىدۇ، جىسمى مۇكەممەل بولغاندا، پەرىشتە ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا روھ پۈۋلەيدۇ يەنى جان كىرگۈزىدۇ.

⑤ يەنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆرۈش ئۈچۈن كۆزلەرنى، بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئەقىل ۋە دىللارنى يارىتىپ، سىلەرنى مۇكەممەل ئىنسان قىلدى.

⑥ يەنى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ شۇ قەدەر چەكسىز نېمەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ناشۈكۈرلۈك قىلىسىلەر ياكى ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر ياكى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا شۈكۈر قىلغۇچىلار ناھايىتى ئاز.

⑦ ئەرەب تىلىدا بىر نەرسە يەنە بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىنى يۇتۇنلەي يوقىتىۋەتكىنىنى " ضَلَالَةٌ " (يوق بولۇپ كېتىش) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ﴿ضَلَلْنَا﴾ دېگەن ئىبارە «بەدەنلىرىمىز تىتىلىپ، تۇپراققا ئارىلىشىپ يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

۞ قُلْ يَتَوَفَّىٰكُم مَّلَكُ ٱلْمَوْتِ ٱلَّذِى وُكِّلَ بِكُمْ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُمْ
تُرْجَعُونَ ﴿١١﴾ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلْمُجْرِمُونَ نَاكِسُوا۟ رُءُوسِهِمْ عِندَ رَبِّهِمْ
رَبَّنَآ أَبْصَرْنَا وَسَمِعْنَا فَٱرْجِعْنَا نَعْمَلْ صَٰلِحًا إِنَّا مُوقِنُونَ ﴿١٢﴾ وَلَوْ
شِئْنَا لَءَاتَيْنَا كُلَّ نَفْسٍ هُدَىٰهَا وَلَٰكِنْ حَقَّ ٱلْقَوْلُ مِنِّى لَأَمْلَأَنَّ
جَهَنَّمَ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجْمَعِينَ ﴿١٣﴾ فَذُوقُوا۟ بِمَا نَسِيتُمْ لِقَآءَ
يَوْمِكُمْ هَٰذَآ إِنَّا نَسِينَٰكُمْ ۖ وَذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْخُلْدِ بِمَا كُنتُمْ
تَعْمَلُونَ ﴿١٤﴾ إِنَّمَا يُؤْمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا ٱلَّذِينَ

*ئېيتقىنكى، «جېنىڭلارنى ئېلىشقا مەسئۇل قىلىنغان ئۆلۈم پەرىشتىسى سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ①، ئاندىن رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» [11]. ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا: «ئى رەببىمىز! (بىز ھەقىقەتنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق②.*

*بىزنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز ياخشى ئەمەللەرنى قىلايلى، بىز ھەقىقەتەن (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە) قەتئىي ئىشەندۇق»③ دەپ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ۋاقىتدىكى ھالىنى كۆرىدىغان بولساڭ④ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)» [12]. ئەگەر بىز خالىساق، ھەربىر كىشىگە ئەلۋەتتە ھىدايەت ئاتا قىلاتتۇق⑤، لېكىن مېنىڭ «جىنلار ۋە ئىنسانلار (ئارىسىدىكى گۇناھكارلار) نىڭ ھەممىسى بىلەن جەھەننەمنى چوقۇم تولدۇرىمەن» دېگەن ھۆكۈمۇم بېكىتىلىپ بولدى⑥ [13]. (ئۇ كۈنى دوزاخ ئەھلىگە مۇنداق دېيىلىدۇ:) «مۇشۇ كۈنگە يولۇقىدىغانلىقىڭلارنى ئۇنتۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن (بۇ ئازابنى) تېتىڭلار، (بۈگۈن) بىزمۇ ھەقىقەتەن سىلەرنى ئۇنتۇدۇق⑦، قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار» [14]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە پەقەت شۇنداق كىشىلەرلا ئىمان ئېيتىدۇكى⑧،*

① يەنى ئۇ پەرىشتىنىڭ ۋەزىپىسى دۇنيادا ياشايدىغان ۋاقتىڭلار توشقان چاغدا كېلىپ، سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئېلىشتۇر.

② يەنى بىز يالغانغا چىقارغان نەرسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆردۇق، ئىنكار قىلغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. يەنە بىر مەنىسى: سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ راستلىقىنى كۆردۇق، پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىنى ئاڭلىدۇق، بىلدۇق، دەيدۇ. لېكىن، ئۇ ۋاقىتتا بىلگەننىڭ ۋە كۆرگەننىڭ ئۇلارغا ھېچ پايدىسى بولمايدۇ.

③ لېكىن ئەمدى ئىشەنگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىگە بەلگىلەنگەن ئاللاھنىڭ ئازابىنى تېتىماي باشقا چارە يوق.

④ يەنى ئۆزلىرىنىڭ كاپىر ۋە مۇشرىك بولغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھايات كەچۈرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلغان ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بولساڭ.

⑤ يەنى دۇنيادا ھىدايەت ئاتا قىلاتتۇق، لېكىن بۇ ھىدايەت مەجبۇرىي بېرىلگەن بولۇپ قالاتتى، ئۇنىڭدا سىناق ئېلىشقا ئورۇن قالمايتتى، يەنى ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ۋە ئىمكانىيەت بېرىلمىگەن بولاتتى.

⑥ يەنـى ئىنسـانلار ۋە جىنلاردىـن جەھەننەمگـە لايىـق بولغانـلار بىلـەن جەھەننەمنى تولدۇرىمەن دېگەن سۆزۈم بېكىتىلىپ بولدى.

⑦ يەنـى سىلـەرنىڭ دۇنيادا بىزنـى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن بىزمـۇ سىلەرنى ئۇنتۇيمىـز (يەنـى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتـۇپ قالغانـدەك مۇئامىلـە قىلىمىـز). ئەمەلىيەتتـە ئاللاھ تائالا ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

⑧ ئۇلار ئايەتلىرىمىزنى تەستىقلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ.

إِذَا ذُكِّرُواْ بِهَا خَرُّواْ سُجَّدًا وَسَبَّحُواْ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ
۩ ﴿١٥﴾ تَتَجَافَىٰ جُنُوبُهُمْ عَنِ ٱلْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا
وَمِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ يُنفِقُونَ ﴿١٦﴾ فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّآ أُخْفِيَ لَهُم مِّن
قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَآءًۢ بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿١٧﴾

***ئۇلارغا شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنغان ھامان سەجدىگە باش قويىدۇ①، رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ②. ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ③ [15]. (كېچىلىرى) ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ④، ئۇلار رەببىگە (ئازابىدىن) قورققان، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا ئىلتىجا قىلىدۇ⑤، ئۇلار بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ⑥ [16]. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە⑦ مۇكاپات يۈزىسىدىن (ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا) ئۇلار ئۈچۈن مەخپىي ساقلانغان (خۇشال قىلارلىق) ھۇزۇر - ھالاۋەتنى ھېچبىر جان ئىگىسى بىلمەيدۇ⑧ [17].***

① يەنـى ئاللاھنىـڭ ئايەتلىرىنـى ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلـەش يۈزىسـىدىن يەنە ئۇنىڭ جازاسى ۋە ئازابىدىن قورققان ھالدا سەجدە قىلىدۇ.

② يەنـى رەببىنـى زاتىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان سۈپەتلەردىن پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ.

بولۇپمۇ ھەممىدىن چوڭ ۋە بۈيۈك نېمەت ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىق نېمىتىگە شۈكۈر ئېيتىدۇ. يەنى سەجدىدە " سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ " ۋە " سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى وَبِحَمْدِهِ " قاتارلىق دۇئالارنى ئوقۇيدۇ.

③ يەنى بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش يولىنى تاللايدۇ، جاھىللار ۋە كاپىرلاردەك تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىش دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ. ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾. (سۈرە غافىر 60-ئايەت) ئەمما مۆئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى دەل ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھەر ۋاقىت ئاجىزلىقىنى، كەمتەرلىكىنى، زەئىپلىكىنى ئىزھار قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىد قىلغان ھالدا تۇرىدۇ.

④ يەنى كېچىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ نەپلە (تەھەججۇد) نامىزى ئوقۇيدۇ، خاتالىقلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ، ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ، يىلىنىپ تۇرۇپ، ئاھ-زارىنى ئاللاھقا سۇنىدۇ.

⑤ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، پەزلى-كەرىمىنىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ، غەزىپىدىن، جازاسىدىن ۋە ئازابىدىنمۇ قورقىدۇ. پەقەت ئۈمىد قىلىپ ئولتۇرۇپ، (بىر قىسىم ياخشى ئەمەل قىلمايدىغان ۋە يامان ئەمەلنى تاشلىمايدىغان كىشىلەردەك) ئەمەل قىلىشتىن سۇسلۇقمۇ قىلمايدۇ، نە ئۇلار ئازابتىن قاتتىق قورقتۇق دەپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولۇشمۇ كۇفۇرلۇق ۋە زالالەت ھېسابلىنىدۇ.

⑥ يەنى «(ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ» دېگەندىكى ياخشىلىق يوللىرىغا پەرز زاكات، ئومۇمىي سەدىقە ۋە كىشىلەرگە مەنپەئەتى يېتىدىغان خەيرلىك ئىشلارمۇ كىرىدۇ. ئۇ مۆئمىنلەر بۇ ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

⑦ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولۇش ئۈچۈن، ياخشى ئەمەللەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

⑧ بۇ ئايەتتە ﴿نَفْسٌ﴾ «ھېچبىر جان ئىگىسى» نىڭ ئېنىقسىز شەكىلدە كەلگەنلىكى ئومۇمىيلىقنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئۇ (خۇشال

قىلارلىق) ھۇزۇر-ھالاۋەتنى ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر جان ئىگىسى بىلمەيدۇ. مەزكۇر مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالا جەننەتلەردە يوشۇرۇپ ساقلاپ قويغان نېمەتلەرنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلارنى كۆرگەندە مۇئمىنلەر كاتتا خۇشاللىققا چۆمىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە كەلگەن ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەن سالىھ بەندىلىرىمنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن تەييارلىغان نېمەتلەرنى ھېچبىر كۆز كۆرۈپ باقمىغان، ھېچبىر قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ھېچبىر ئىنساننىڭ ئەقلىگە كېلىپ باقمىغاندۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 4779-ھەدىس)

أَفَمَن كَانَ مُؤۡمِنٗا كَمَن كَانَ فَاسِقٗاۚ لَّا يَسۡتَوُۥنَ ﴿١٨﴾ أَمَّا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمۡ جَنَّٰتُ ٱلۡمَأۡوَىٰ نُزُلَۢا بِمَا كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ﴿١٩﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فَسَقُواْ فَمَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ كُلَّمَآ أَرَادُوٓاْ أَن
يَخۡرُجُواْ مِنۡهَآ أُعِيدُواْ فِيهَا وَقِيلَ لَهُمۡ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلنَّارِ ٱلَّذِي
كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنَ ٱلۡعَذَابِ ٱلۡأَدۡنَىٰ دُونَ
ٱلۡعَذَابِ ٱلۡأَكۡبَرِ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿٢١﴾

***(ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ) مۇئمىن بولغان ئادەم (توغرا يولدىن چەتنەپ) پاسىق بولغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟① ئۇلار (ئاخىرەتلىك ساۋابتا) باراۋەر ئەمەس [18]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ. (جەننەت) ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (تەييارلانغان جايدۇر) [19]. ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، ئۇلار ھەر قاچان دوزاختىن چىقىشقا تەمشەلسە، دەرھال دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ② ۋە ئۇلارغا: «سىلەر ئۇزۇڭلار ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ③ [20]. بىز ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتىكى) ئەڭ چوڭ ئازابتىن④ ئىلگىرى (بۇ دۇنيادىكى) ئەڭ يېقىن ئازابنى⑤ چوقۇم تېتىتىمىز [21].***

① بۇ يەردىكى سوئال جۈملە ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كەلگەن، يەنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۆئمىن بىلەن كاپىر باراۋەر بولالمايدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى زور پەرق بولىدۇ. مۆئمىن ئاللاھ تائالانىڭ مېھمانلىرىدىن بولۇپ، ئىززەت-ئىكرامغا سازاۋەر بولىدۇ. پاسىق ۋە كاپىر بولسا زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن باغلىنىپ، دوزاخ ئوتىدا كۆيىدۇ. بۇ مەزمۇن سۈرە جاسىيە **21**-ئايەت، سۈرە ساد **28**-ئايەت، سۈرە ھەشر **20**-ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىنغان.

② دوزاخنىڭ قاتتىق ۋە دەھشەتلىك ئازابىغا چىدىيالماي سىرتقا چىقماقچى بولسا، پەرىشتىلەر ئۇلارنى دوزاخنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر جايلىرىغا ئىتتىرىدۇ.

③ بۇ سۆز ئۇلارغا پەرىشتىلەر تەرىپىدىن دېيىلىدۇ ياكى ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن شۇنداق نىدا كېلىدۇ. ھەرھالدا بۇ ئايەتتە ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ خارلىققا دۇچار بولىدىغانلىقى ئېنىق بولدى.

④ ئاخىرەتتىكى «ئەڭ چوڭ ئازابتىن» ئىلگىرى دۇنيادا كىچىك تېپتىكى ئازاب ئەۋەتىشتىكى سەۋەب بەندىلەرنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن، كۇفرىدىن، شېرىكتىن، گۇناھتىن قايتىشى ئۈچۈندۇر.

⑤ «ئەڭ يېقىنقى ئازاب» (كىچىك تېپتىكى ئازاب، يېقىنقى بىر قىسىم ئازاب) دېگەندىن دۇنيانىڭ ئازابى ياكى ئۇنىڭدىكى كۈلپەت-مۇسىبەتلەر، كېسەللىكلەر، ئاپەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭدىن بەدرى غازىتىدا كاپىرلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى مەككە ئەھلى دۇچار بولغان قەھەتچىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ يېقىنقى ئازاب» يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ.

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِـَٔايَـٰتِ رَبِّهِۦ ثُمَّ أَعْرَضَ عَنْهَآ ۚ إِنَّا مِنَ
ٱلْمُجْرِمِينَ مُنتَقِمُونَ ﴿٢٢﴾ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَـٰبَ فَلَا تَكُن
فِى مِرْيَةٍ مِّن لِّقَآئِهِۦ ۖ وَجَعَلْنَـٰهُ هُدًى لِّبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿٢٣﴾ وَجَعَلْنَا
مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا۟ ۖ وَكَانُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا يُوقِنُونَ ﴿٢٤﴾

إِنَّ رَبَّكَ هُوَ يَفْصِلُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿٢٥﴾

***رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟① شەكسىزكى، بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز [22]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) سەن (مىراج كېچىسىدە) مۇسا بىلەن ئۇچرىشىشتىن شەكلەنمىگىن②، بىز ئۇنى (يەنى تەۋراتنى)③ ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق [23]. ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشتا) چىداملىق بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالارنى چىقاردۇق④ [24]. شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ (ئىچىدىكى مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) ئوتتۇرىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان (دىنىي) ئىشلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ⑤ [25].***

① يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىبتۇر. كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ زالىم ئادەم بولامدۇ؟ ياق، بولمايدۇ، ئۇ ھەممىدىن چوڭ زالىمدۇر.

② بۇ ئايەت مىراج كېچىسى يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەن كېچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان ئۇچرىشىشقا قارىتىلغان بولۇپ، شۇ ئۇچرىشىشتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاللاھتىن نامازلارنى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن ئىدى. يەنە بىر مەنىسى: سەن مۇسانىڭ بىز بەرگەن كىتابنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىدىن شەكلەنمىگىن ياكى مۇساغا كىتاب ئاتا قىلغىنىمىزدەك، ساڭا ئاتا قىلىدىغان قۇرئاننى ۋەھيي ئارقىلىق تاپشۇرۇپ ئېلىشىڭدىن شەكلەنمىگىن، دېگەن بولىدۇ.

③ بۇ يەردىكى «ئۇنى» دېگەن چۈشۈم كېلىش ئالماشتىن كىتاب يەنى تەۋرات ياكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى كۆزدە تۇتۇلىسىمۇ بولىدۇ.

يەنى «بىز مۇسانى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق».

④ بۇ ئايەتتە سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇشنىڭ پەزىلىتى ئايان بولۇپ تۇرىدۇ. سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇش دېگەن ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشتە، ئاللاھ چەكلىگەن نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشتا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئەگىشىش يولىدا دۇچ كەلگەن كۆلپەتلەرگە رازىمەنلىك بىلەن سەۋر قىلىش، چىداملىق بولۇش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە سەۋرنىڭ نەتىجىسىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار سەۋر قىلغانلىقى، چىداملىق بولغانلىقى ۋە كىتابنىڭ ئايەتلىرىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىمان كەلتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن بىز ئۇلارنى دىندا پېشۋا ۋە رەھبەر قىلدۇق. كېيىن ئۇلار ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەكسىچە دىنىنى قەستەن ئۆزگەرتىشكە ۋە بۇرمىلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى رەھبەرلىك ۋە پېشۋالىقتىن ئىبارەت شەرەپلىك مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئاخىرى ئۇلاردا نە ياخشى ئەمەل، نە توغرا ئېتىقاد قالمىدى.

⑤ بۇ يەردىكى «ئىختىلاپ» دېگەندىن ئەھلى كىتابلار ئارىسىدىكى ئىچكى ئىختىلاپلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ قاتارىغا دۇنيادا ئىمان ئەھلى بىلەن كۇفۇر ئەھلى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپلار، ھەقىقەت ئەھلى بىلەن باتىل ئەھلى ئارىسىدىكى يەنە تەۋھىد ئەھلى بىلەن شېرىك ئەھلىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارمۇ كىرىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا ھەر گۇرۇھ ئۆزى تۇتقان يولنى توغرا ۋە ھەق يول دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇ ئىختىلاپلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. دېمەك، ھەقىقەت ئەھلىنى جەننەتكە داخىل قىلىدۇ. كۇفرى ئەھلى بىلەن باتىل ئەھلىنى دوزاخقا تاشلايدۇ.

أَوَلَمْ يَهْدِ لَهُمْ كَمْ أَهْلَكْنَا مِن قَبْلِهِم مِّنَ ٱلْقُرُونِ يَمْشُونَ فِى
مَسَٰكِنِهِمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ ۚ أَفَلَا يَسْمَعُونَ ﴿٢٦﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا
نَسُوقُ ٱلْمَآءَ إِلَى ٱلْأَرْضِ ٱلْجُرُزِ فَنُخْرِجُ بِهِۦ زَرْعًا تَأْكُلُ مِنْهُ
أَنْعَٰمُهُمْ وَأَنفُسُهُمْ ۖ أَفَلَا يُبْصِرُونَ ﴿٢٧﴾ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْفَتْحُ
إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٨﴾ قُلْ يَوْمَ ٱلْفَتْحِ لَا يَنفَعُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟

إِيمَٰنُهُمۡ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ﴿٢٩﴾

***ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن قانچىلىغان ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ (ھالبۇكى) ئۇلار (ھالاك بولغان) بۇ ئۇممەتلەرنىڭ يۇرتلىرىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ①. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) نۇرغۇن دەلىللەر بار، ئۇلار (بۇنىڭغا) قۇلاق سالمامدۇ؟ [26]. ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز سۇنى قاقاس يەرلەرگە ھەيدەپ ئېلىپ بارىمىز، ئۇ سۇ بىلەن زىرائەتنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىمىز، ئۇ زىرائەتتىن ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى ۋە ئۆزلىرى يەيدۇ②، (بۇنى) ئۇلار يەنىلا كۆرمەمدۇ؟ [27]. ئۇلار (يەنى مەككىلىك مۇشرىكلار ئازابقا ئالدىراپ): «(بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چىقىرىلىدىغان) بۇ ھۆكۈم قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئەگەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار (ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ)» دەيدۇ③ [28]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندە كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلارغا (تەۋبە قىلىۋېلىش ئۈچۈن) مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ»④ [29].***

① يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنغان ئىدى. بۈگۈن دۇنيادا ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىن ئەسەرمۇ يوق، ئەمما ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا مەككە ئەھلى ۋارىس بولدى، ئۇلار بۇنى كۆرمەمدۇ؟ بۇ يەردە مەككە ئەھلىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇكى، ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلارمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولىدۇ.

② ﴿ٱلۡمَآءَ﴾ بۇ يەردىكى «سۇ»دىن يامغۇر سۈيى، بۇلاقلار ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ سۇلارنى ئاللاھ تائالا ئادەملەر ئولتۇراقلاشمىغان، گىياھسىز، قۇرۇپ كەتكەن جايلارغا ئېقىتىپ ئاپىرىدۇ. ئۇ يەرلەردىن زىرائەتلەر ئۈنىدۇ، بۇ زىرائەتلەر ئىنسانلار ئۈچۈن ئوزۇقلۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ سامىنى ياكى شاخلىرى ھايۋانلارغا ئوزۇق بولىدۇ. بۇ يەردىكى «قاقاس يەرلەر» دېگەندىن مەخسۇس بىر يەر ياكى رايون مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇ ئومۇمىي بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەملەر

ئۇلتۇراقلاشمىغان جايلار، گىياھسىز يەرلەر، چۆل-باياۋانلارمۇ كىرىدۇ.

③ بۇ يەردىكى ﴿الْفَتْحُ﴾ «ھۆكۈم» دېگەندىن مەككە كاپىرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تەلەپ قىلغان ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار: ئى مۇھەممەد! ساڭا ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ئازابى قاچان كېلىدۇ؟ بىزنى ئۇنىڭدىن قورقۇتۇپلا تۇرۇۋاتىسەن، ۋەھالەنكى، بىز ساڭا ئىمان ئېيتقانلارنى قورققان ھالدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىزغۇ؟ دەيتتى.

④ بۇ يەردىكى ﴿يَوْمَ الْفَتْحِ﴾ دېگەندىن ئاخىرەتتىكى ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ كۈندە ئېيتقان ئىمان قوبۇل قىلىنمايدۇ، نە ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ. بۇ كۈندىن مەككە پەتھى بولغان كۈن كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. چۈنكى، مەككە پەتھى بولغان كۈنى " طُلَقَاءُ " كەچۈرۈم قىلىنغانلاردىن 2000 ئەتراپىدا كىشى مۇسۇلمان بولغان ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) " طُلَقَاءُ " دېگەن سۆز مەككە ئەھلىدىن كەچۈرۈم قىلىنغان ۋە قويۇپ بېرىلگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى بولغان كۈنى مەزكۇر جازالاشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە: بۈگۈن سىلەرنىڭ ئىلگىرى قىلغان زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىكىڭلاردىن ئىنتىقام ئېلىنمايدۇ، دەپ ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَانْتَظِرْ إِنَّهُم مُّنتَظِرُونَ ﴿٣٠﴾

***شۇڭا سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن (يەنى سۆزلىرىگە پەرۋا قىلىپ كەتمىگىن)①، (ئاللاھنىڭ ئۇلارنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى) كۈتكىن②، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن (ساڭا بىرەر يامانلىق كېلىشىنى) كۈتۈپ تۇرغۇچىلاردۇر③ [30].***

① يەنى ئەنە شۇ مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرىگىن، دەۋەت-تەبلىغ قىلىش ۋەزىپەڭنى ئۇز ئۇسلۇبىڭ بويىچە داۋاملاشتۇرغىن، ساڭا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىگە ئەگەشكىن. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى

مۇھەممەد!) ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرىگىن (ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغىن)﴾. (سۈرە ئەنئام 106-ئايەت).

② يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋاقىتنى ۋە ساڭا قارشىلىق قىلغانلارنىڭ ئۈستىدىن ساڭا غەلىبە ئاتا قىلىش تۈغرىسىدىكى ۋەدىسىنى كۈتكىن. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

③ يەنى كاپىرلار سېنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن دەۋىتىنىڭ يوقىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەمما پۈتۈن دۇنيا كۆردىكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە قىلغان ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇنىڭغا ھادىسە كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرغانلارنى مەغلۇپ قىلدى ياكى ئۇلارنى پەيغەمبىرىگە بويسۇندۇرۇپ بەردى.

# سۈرە ئەھزاب

| (٣٣) سورة الاحزاب مدنية ٧٣ آية | (33) سۈرە ئەھزاب مەدىنىدە چۈشكەن 73 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ ٱتَّقِ ٱللَّهَ وَلَا تُطِعِ ٱلۡكَٰفِرِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ
عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١﴾

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرغىن (تەقۋالىقنى داۋاملاشتۇرغىن)①، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن. شەكسىزكى، ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر،

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى ئىزچىل تۇردە تەقۋالىق قىلىشقا ۋە دەۋەت-تەبلىغ ئىشلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ئەمر قىلدى. بۇ بۇيرۇق ئاستىغا ئۈممەتلىرىمۇ كىرىدۇ. تەلق ئىبنى ھەبىب مۇنداق دەيدۇ: تەقۋالىق دېگەن ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ، ئىتائەت قىلىش، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئازابىدىن قورقۇپ تۇرۇپ، تەرك ئېتىش دېمەكتۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَٱتَّبِعۡ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ

خَبِيرًا ۝٢ وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ۝٣ مَّا جَعَلَ ٱللَّهُ
لِرَجُلٍ مِّن قَلْبَيْنِ فِى جَوْفِهِۦ ۚ

***ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر① [1]. ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنىۋاتقان (قۇرئان)غا ئەگەشكىن②. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر③ [2]. سەن (ھەممە ئىشىڭدا) ئاللاھقا تايانغىن④، ئاللاھ (ساڭا) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر⑤ [3]. ئاللاھ ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقان ئەمەس⑥،***

① پەقەت ئاللاھ ئۆزى ئىتائەت قىلىشقا لايىق ۋە ھەقلىقتۇر. چۈنكى، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ۋە سۆزلىرى ھېكمەتلىكتۇر.

② يەنى قۇرئانغا ئەگەشكىن، شۇنداقلا ھەدىسلەرگىمۇ ئەگەشكىن. چۈنكى ھەدىسنىڭ لەۋزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تىلى بىلەن بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسى ۋە مەزمۇنى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن، شۇ ۋەجىدىن ھەدىس مەخپىي ۋەھيى ياكى تىلاۋەت قىلىنمايدىغان ۋەھيى دەپ ئاتىلىدۇ.

③ سىلەرنىڭ ھېچبىر سۆزۈڭلار ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر.

④ بارلىق ئىشلىرىڭنى ۋە ئەھۋالىڭنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلغىن ۋە تايانغىن.

⑤ ئاللاھ تائالا ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلغان، ئۆزى تەرەپكە تەۋبە بىلەن قايتقانلارغا ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

⑥ ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر مۇناپىق بار بولۇپ، ئۇ مەندە ئىككى يۈرەك بار. بىر يۈرەك مۇسۇلمانلار بىلەن، يەنە بىر يۈرەك كاپىرلار بىلەن دەپ دەۋا قىلاتتى. (مۇسنەدى ئەھمەد 1-توم، 267-بەت) بۇ ئايەت ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بولۇپ چۈشتى. دېمەك بىر يۈرەكتە ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە بويسۇنۇش سىغمايدۇ، ئىككىسىنىڭ بىر يۈرەكتە جەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: مەككە مۇشرىكلىرى ئىچىدە جەمىل ئىبنى مۇئەممەر فەھرى ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى ھوشيار، مەككار ھەم زېرەك ئادەم ئىدى. ئۇ مەندە ئىككى يۈرەك بار. بۇ ئىككى يۈرەك بىلەن تەپەككۇر قىلىمەن ۋە پەم-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىمەن. ئەمما مۇھەممەدنىڭ بولسا پەقەت بىرلا يۈرىكى بار، دەپ دەۋا قىلاتتى. بۇ ئايەت ئۇنىڭغا رەددىيە بولۇپ نازىل بولدى. (ئەيسەر تەپاسىر) بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ تۆۋەندە كېلىدىغان ئىككى مەسىلىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. يەنى خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئىككى يۈرىكى بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئىككى ئانىسىمۇ بولمايدۇ يەنى ئايالىنى: سېنىڭ ئۇچاڭ مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دېگەن سۆزى ئارقىلىق زىھار قىلىشى بىلەن ئايالى ئۇنىڭ ئانىسى بولۇپ قالمايدۇ، ھېچقاچان ئۇنىڭ ئىككى ئانىسى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بىر ئادەم بىر بالىنى بېقىۋېلىپ، ئۇنى بالام دەپ ئاتىغانلىقى بىلەن، ئۇ بالا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز بالىسى بولۇپ قالمايدۇ، ئۇ بالا مەڭگۈ ئۆز ئاتىسىنىڭلا بالىسى بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى ئاتىسى بولۇپ قالمايدۇ. (تەپسىرى ئىبنى كەسىر)

وَمَا جَعَلَ أَزۡوَٰجَكُمُ ٱلَّٰٓـِٔي تُظَٰهِرُونَ مِنۡهُنَّ أُمَّهَٰتِكُمۡۚ وَمَا جَعَلَ
أَدۡعِيَآءَكُمۡ أَبۡنَآءَكُمۡۚ ذَٰلِكُمۡ قَوۡلُكُم بِأَفۡوَٰهِكُمۡۖ وَٱللَّهُ يَقُولُ
ٱلۡحَقَّ وَهُوَ يَهۡدِي ٱلسَّبِيلَ ٤ ٱدۡعُوهُمۡ لِأٓبَآئِهِمۡ هُوَ أَقۡسَطُ عِندَ
ٱللَّهِۚ فَإِن لَّمۡ تَعۡلَمُوٓاْ ءَابَآءَهُمۡ فَإِخۡوَٰنُكُمۡ فِي ٱلدِّينِ وَمَوَٰلِيكُمۡۚ
وَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٞ فِيمَآ أَخۡطَأۡتُم بِهِۦ

*سىلەر زىھار قىلغان ئاياللىرىڭلارنى سىلەرگە ئانا قىلغانمۇ ئەمەس①، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنى ئۆز بالاڭلار(نىڭ ھۆكمىدە) قىلغانمۇ ئەمەس②، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالام دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردىكى سۆزۈڭلاردۇر③، ئاللاھ ھەقىقەتنى ئېيتىدۇ④، توغرا يولغا باشلايدۇ [4]. ئۇلارنى (يەنى بېقىۋالغان بالىلارنى) ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىڭلار⑤، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئادالەتلىكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ*

*ئاتىسىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلار ۋە دوستلىرىڭلاردۇر⑥ ، سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ⑦ ،*

① بۇ زىھار مەسىلىسى دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى كىشى ئايالىغا، سېنىڭ ئۇچاڭ مەن ئۇچۇن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش بولۇپ كەتسۇن، دېسە زىھار بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە مۇجادىلەدە كېلىدۇ.

② بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ. ﴿اَدْعِيَآءَ﴾ '' دَعِيٌّ ''نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بېقىۋالغان باللار دېگەن مەنىدە.

③ يەنى بىر ئادەمنىڭ بىر ئايالنى ئانا دېگىنىگە ئۇ ئايال ئۇنىڭ ئانىسى بولۇپ قالمايدۇ. بىر بالىنى بالام دەپ چاقىرغانغا ئۇنىڭ بالىسى بولۇپ قالمايدۇ. دېمەك ئاغزىدا ئاتىۋالغانغا ئاساسەن ئۇنىڭغا ئانا ۋە بالىغا مۇناسىۋەتلىك شەرىئەت ئەھكاملىرى ئىجرا قىلىنمايدۇ.

④ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھۆكۈمگە بويسۇنۇڭلار، زىھار قىلىنغان ئايالنى ئانام دېمەڭلار، بېقىۋالغان بالىنى بالام دېمەڭلار. ئەسكەرتىش: بىر بالىنى مېھىر-مۇھەببەت يۈزىسىدىن بالام، ئوغلۇم دەپ چاقىرىش باشقا بىر مەسىلە؛ بېقىۋالغان بالىنى ھەقىقىي بالام دېگەن دەۋا بىلەن ياكى شۇنداق ئېتىقاد بىلەن چاقىرىش باشقا بىر مەسىلىدۇر. ئالدىنقىسى جايىز، كېيىنكىسى چەكلەنگەندۇر. بۇ يەردىكى چەكلىمە كېيىنكىسىگە قارىتىلغان.

⑤ بۇ ھۆكۈم چۈشكەندىن كېيىن جاھىلىيەت دەۋرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان بىر ئۆرپ-ئادەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇ بولسىمۇ، بېقىۋالغان بالىنى ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالا دەپ قاراش ئادىتى ئىدى. ساھابە كىراملار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى (ئەسلىدە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلى ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئازاد قىلىپ، ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالغان ئىدى) كىشىلەر زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىرىشاتتى، بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئۇنداق چاقىرمايدىغان بولدى». (سەھىھۇل بۇخارى 4782-ھەدىس) بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئەبۇھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئائىلىسىدىمۇ بىر مەسىلە پەيدا

بولدى، ئۇلار سالىمنى بېقىۋالغان ئىدى، بېقىۋالغان بالىنى ئۆز ئوغلۇم دەپ چاقىرىش چەكلەنگەندىن كېيىن، ھۇزەيفەنىڭ ئايالىغا ئۇ ئوغۇلدىن ھىجابلىنىشمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفەنىڭ ئايالىغا: «سالىمنى ئېمىتىۋېتىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، سىز ئۇنىڭ ئېنىك ئانىسى بولىسىز، ئۇ سىزگە مەھرەم بولىدۇ» دېدى. ئۇلار شۇنداق قىلدى. (سەھىھ مۇسلىم 1453-ھەدىس، سۇنەنى ئەبى داۋۇد 2061-ھەدىس)

⑥ يەنى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئاتىلىرىنى بىلسەڭلار، ئۇلارنى باشقىلارغا مەنسۇپ قىلماي، پەقەت ئۆز ئاتىلىرىغىلا مەنسۇپ قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە دوستلىرى قاتارىدا كۆرۈڭلار، بالىلىرىمىز دەپ قارىماڭلار.

⑦ ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسىدىمۇ، سەۋەنلىكتىن ۋە ئۇنتۇغانلىقتىن سادىر بولغان گۇناھلار ئەپۇ قىلىنىدۇ.

وَلَٰكِن مَّا تَعَمَّدَتْ قُلُوبُكُمْۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ٥ ٱلنَّبِيُّ
أَوْلَىٰ بِٱلْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنفُسِهِمْۖ وَأَزْوَٰجُهُۥٓ أُمَّهَٰتُهُمْۗ وَأُوْلُواْ ٱلْأَرْحَامِ
بَعْضُهُمْ أَوْلَىٰ بِبَعْضٍ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُهَٰجِرِينَ إِلَّآ
أَن تَفْعَلُوٓاْ إِلَىٰٓ أَوْلِيَآئِكُم مَّعْرُوفًاۚ كَانَ ذَٰلِكَ فِي ٱلْكِتَٰبِ مَسْطُورًا ٦

***لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)① ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [5]. پەيغەمبەر مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇقتۇر② ، (پەيغەمبەر مۇئمىنلەرنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش بولغانلىقتىن) پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر③ (شۇڭا، پەيغەمبەردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا نىكاھلىنىش مۇئمىنلەرگە ھارامدۇر). ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئۇرۇق-تۇغقانلار (مىراس ئېلىشتا) بەزىسى بەزىسىگە مۇئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن ھەقلىقتۇر④ ، لېكىن (مۇئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن بولغان) دوستلىرىڭلارغا (بىر نەرسە بېرىشكە) ۋەسىيەت قىلساڭلار (دۇرۇس) بولىدۇ⑤ ،***

**بۇلار (لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن) كىتابتا يېزىلغاندۇر⑥ [6].**

① يەنى كىمكى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن بالىنى ئاتىسىنىڭ غەيرىيگە مەنسۇپ قىلسا، قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ غەيرىيگە مەنسۇپ قىلسا، كۇفۇرلۇق قىلغان بولىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3508 ـ ھەدىس)

② پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە نەقەدەر كۆيۈمچان ۋە رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى شەرھىلەش ھاجەتسىز. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە تولىمۇ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرگە ئۇنى ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ ئەلا بىلىشنى، ئۇنىڭ ھەققىنى بارلىق ھەقلەردىن ئۈستۈن تۇتۇشنى، ئۇنىڭ ئەمرىنى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق خاھىشلىرىدىن مۇھىم بىلىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىنلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىدىن ۋە بارلىق ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشى لازىم، ئۆزى موھتاج بولسىمۇ، ئاللاھ يولىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىنى بىرىنچى بولۇپ بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماللىرىنىمۇ تەقدىم قىلىشى لازىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا جېنىمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈكسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئى ئۆمەر! مەن ساڭا جېنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇشۇم كېرەك» دېدى. ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا چوقۇم ھەممە نەرسىدىن ھەتتا جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈكسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مانا ئەمدى بولدى، ئى ئۆمەر!» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 6632 ـ ھەدىس) ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە ـ تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾. (سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت) بۇ ئايەتكە ئاساسەن ئىنسان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ بارلىق ياخشى كۆرىدىغانلىرىدىن ئارتۇق كۆرمىگۈچە مۆئمىن بولالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ جېنىم

ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جېنىدىن، پۇل - مېلىدىن، ئەۋلادىدىن ۋە پۈتكۈل ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغۇچە، ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 15-ھەدىس) بۇنىڭغا ئاساسەن ئىنسان ئۇنىڭ ئەمرىگە تولۇق بويسۇنمىغۇچە مۇئمىن بولالمايدۇ. ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىپاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾. (سۈرە مۇھەممەد 33-ئايەت) بۇ ئايەتكە ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتا كەمتۈكلۈك ۋە بوشاڭلىق قىلماسلىق ۋە «سىلەرنىڭ خاھىشىڭلار مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئۇيغۇن بولمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر» دېگەن ھەدىسكە مۇۋاپىق ئىش قىلىش كېرەك.

③ يەنى ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈشتە ۋە نىكاھلىنىشتا ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشمۇ ھارامدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

④ يەنى ئەمدى ئىلگىرىكى مۇھاجىرلىق، دوستلۇق ۋە قەسەم بىلەن ئورنىتىلغان قېرىنداشلىق ئاساسىدا مىراس ئالىدىغان ھۆكۈم ئەمەلدىن قالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مىراسخورلۇق پەقەت ھەقىقىي تۇغقانلىق ئاساسىدا بولىدۇ. يەنى ھەقىقىي ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە قېرىنداشلارلا مىراس ئالىدۇ.

⑤ شۇنداق، سىلەر تۇغقاندارچىلىق رىشتىسى بولمىغانلارغا خەير-ئېھسان ۋە ياردەم قىلساڭلار بولىدۇ. ھەتتا ئۇلارغا مال-مۈلۈكىڭلاردىن ئۈچتىن بىر ھەسسىسىنى ۋەسىيەت قىلىپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ.

⑥ يەنى بۇ ھۆكۈم ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھۆكۈمدۇر. ئەسلىدە لەۋھۇلمەھپۇزدا شۇنداق يېزىلغاندۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بويىچە بۇ ھۆكۈمنى بىر مەزگىل ئىجرا قىلماي، باشقىلارنىمۇ ۋارىس قىلغان ئىدى. لېكىن، ئاللاھ تائالا كەلگۈسىدە ئۇنى بىكار قىلىپ، ئەزەلدە بەلگىلىگەن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمىلىيەتتە شۇنداق قىلدى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەسلىي ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدى.

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِيثَٰقَهُمۡ وَمِنكَ وَمِن نُّوحٖ وَإِبۡرَٰهِيمَ
وَمُوسَىٰ وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۖ وَأَخَذۡنَا مِنۡهُم مِّيثَٰقًا غَلِيظٗا ٧
لِّيَسۡـَٔلَ ٱلصَّٰدِقِينَ عَن صِدۡقِهِمۡۚ وَأَعَدَّ لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابًا أَلِيمٗا ٨
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ جَآءَتۡكُمۡ
جُنُودٞ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِيحٗا وَجُنُودٗا لَّمۡ تَرَوۡهَاۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا
تَعۡمَلُونَ بَصِيرًا ٩

*(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، (جۈملىدىن) سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىيسادىن (دىننى يەتكۈزۈش توغرۇلۇق) مەھكەم ئەھدە ئالدۇق① [7]. راستچىللاردىن (يەنى پەيغەمبەرلەردىن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىكى) راستچىللىقىنى سورۇشتۇرۇش ئۈچۈن، (ئۇلاردىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق)②. ئاللاھ كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى [8]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (ئىتتىپاقداش) قوشۇن (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە (پەرىشتىلەردىن ئىبارەت) سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن ئەۋەتتۇق③، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [9].*

① بۇ قايسى ئەھدىنى كۆرسىتىدۇ؟ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، سۈرە ئال ئىمران 81-ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك، پەيغەمبەرلەردىن (ئاللاھنىڭ سالامى ئۇلارغا بولسۇن) ئۆزئارا بىر-بىرىنى تەستىقلاش، ئىمان ئېيتىش ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئېلىنغان ئەھدىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، سۈرە شۇرا 13-ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك، دىننى بەرپا قىلىش ۋە دىندا بۆلۈنمەسلىك توغرىسىدا ئېلىنغان ئەھدىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە بۇ ئەھدە بارلىق پەيغەمبەرلەردىن ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ يەردە پەقەت بەش پەيغەمبەرنىڭ نامى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۇلارنىڭ ئىرادىلىك ۋە شەرەپلىك پەيغەمبەرلەردىن

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولسىمۇ، »سەندىن« دەپ ھەممىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۇنىڭ شەرەپلىك ھەم ئۇلۇغلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

② ﴿لِّيَسۡـَٔلَ﴾دىكى لام "كَيْ " «ئۈچۈن» يەنى سەۋەبنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن. دېمەك پەيغەمبەرلەر قەۋملىرىگە دەۋەتنى توغرا شەكىلدە يەتكۈزگەنلىكىنى سوراش ۋە سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن ئەھدە ئالدى. يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەردىن مۇنداق سورايدۇ: قەۋمىڭلار سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارغا قانداق جاۋاب قايتۇردى، دەۋەتنى قوبۇل قىلدىمۇ ياكى ئىنكار قىلدىمۇ؟ شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئەلچىلەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلچىلەرنىمۇ (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز﴾. (سۈرە ئەئراف 6-ئايەت) بۇ ئايەت ھەق دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلارنىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يۈزى يورۇق بېرىش ئۈچۈن دەۋەت خىزمىتىنى جان-دىلى بىلەن ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ. يەنە دەۋەت يەتكۈزۈلگەن كىشىلەرگىمۇ، ئەگەر دەۋەتنى قوبۇل قىلمىسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇناھكار بولۇپ، جازاغا لايىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەنبىھ بېرىدۇ.

③ بۇ ئايەتلەردە ھىجرىيەنىڭ 5-يىلى يۈز بەرگەن ئەھزاب غازىتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللار تەپسىلىي بايان قىلىندى. " أَحْـزَابُ "-"حِزْبٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، گۇرۇھ دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ ئەھزاب غازىتى دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ غازاتتا بارلىق ئىسلامغا دۈشمەن گۇرۇھلار بىرلىشىپ، ئىتتىپاقداش قوشۇن تەشكىللەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزى بولغان مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ۋە دۈشمەنلەرنى مەدىنىگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن، مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ غازات خەندەك غازىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ غازاتنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

كېلىشىمگە ئىزچىل خىلاپلىق قىلغانلىقى تۈپەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقارغان يەھۇدىيلاردىن بەنى نەزىر قەبىلىسى خەيبەرگە بېرىپ يەرلەشكەن ئىدى. بۇ قەبىلە ئاقساقاللىرى

مەككىدىكى كاپىرلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئاندىن بۇلار غەتەفان ۋە نەجد قاتارلىق قەبىلىلەرگە بېرىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئۇلارنىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىششقا ماقۇل كەلتۈردى. مۇشۇ تەرىقىدە يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. مەككە مۇشرىكلىرى ئەبۇ سۇفيان سەخر ئىبنى ھەربنىڭ قوماندانلىقىدا، غەتەفان قەبىلىسى ئۇيەينە ئىبنى ھەسەننىڭ قوماندانلىقىدا تەشكىللەنگەن قوشۇن مەدىنىنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. ئۇلارنىڭ سانى ئون مىڭ ئىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭ ئىدى. مەدىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچىنچى بىر قەبىلىسى بولغان بەنى قۇرەيزە ياشايتتى. شۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كېلىشىم بار ئىدى، كېلىشىم بويىچە ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشى شەرت ئىدى، لېكىن ئۇلارنىمۇ بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن كەلگەن يەھۇدىي ھۇيەيي ئىبنى ئەختەب كۈشكۈرتۈپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىتتىپاقداش قوشۇن بىلەن ھەمكارلىششقا ماقۇل كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلار تۆت تەرەپتىن قورشاۋ ئىچىدە قالدى. ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمانلار، سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قازدى، شۇ سەۋەبتىن دۈشمەنلەر مەدىنىگە كىرەلمەي، سىرتتا تۇرۇپ قالدى. مەككە مۇشرىكلىرى كېلىپ مەدىنىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئۇھۇد تېغىغا يېقىن بىر يەرگە چۈشتى، يەنە بىر تۈركۈم قوشۇن مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى يەرلەرگە ئورۇنلاشتى. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلار مۇھاسىرە ئىچىدە ئىتتىپاقداش قوشۇندىن قورقۇپ تۇراتتى. بۇ مۇھاسىرە تەخمىنەن بىر ئاي داۋام قىلدى. مۇسۇلمانلار بۇ كۈنلەرنى قاتتىق قورقۇنچ ۋە ئېزىتىراب ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئاخىرى ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن بىلەن نۇسرەت ئاتا قىلدى. بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ھالىتى ۋە ئاللاھنىڭ نۇسرىتى بايان قىلىنىدى. بۇ ئايەتتە ﴿جُنُودٌ﴾ «قوشۇن» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنىدى، بىرىنچىسى: كاپىرلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشماقچى بولغان قوشۇن، ئىككىنچىسى: كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن – پەرىشتىلەر ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يۇقىرى سۈرئەتلىك ۋە قاتتىق سوغۇق بوران ئەۋەتتى. تويان بالاسىدەك كەلگەن كۈچلۈك بوران ئۇلارنىڭ چېدىر - بارگاھلىرى ۋە قازان - قومۇچلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى.

ئات-ئۇلاغلىرى باغلانغان ئارغامچىلارنى ئۈزۈپ قېچىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن قوشۇنمۇ ئامالسىز قېچىشقا مەجبۇر بولدى. مانا بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان بورانىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن شەرق بورىنى بىلەن ياردەم بېرىلدىم، ئاد قەۋمى غەرب بورىنى بىلەن ھالاك قىلىندى». (سەھىھۇل بۇخارى 3205-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 900-ھەدىس) بۇ ئايەتتىكى ﴿سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن﴾ دېگەندىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلار ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. ئۇلار كېلىپ، ئىتتىپاقداش قوشۇنىنىڭ دىللىرىغا ئالاقزادىلىك ۋە قورقۇنچ سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سېپىدە تەرەۋۇنىش پەيدا بولدى ۋە تېزراق قېچىپ كېتىشنى ئامان قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى دەپ بىلدى.

إِذۡ جَآءُوكُم مِّن فَوۡقِكُمۡ وَمِنۡ أَسۡفَلَ مِنكُمۡ وَإِذۡ زَاغَتِ ٱلۡأَبۡصَٰرُ
وَبَلَغَتِ ٱلۡقُلُوبُ ٱلۡحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِٱللَّهِ ٱلظُّنُونَا۠ ﴿١٠﴾ هُنَالِكَ
ٱبۡتُلِيَ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَزُلۡزِلُواْ زِلۡزَالٗا شَدِيدٗا ﴿١١﴾ وَإِذۡ يَقُولُ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ
وَٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ مَّا وَعَدَنَا ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ إِلَّا غُرُورٗا ﴿١٢﴾
وَإِذۡ قَالَت طَّآئِفَةٞ مِّنۡهُمۡ يَٰٓأَهۡلَ يَثۡرِبَ لَا مُقَامَ لَكُمۡ فَٱرۡجِعُواْۚ
وَيَسۡتَـٔۡذِنُ فَرِيقٞ مِّنۡهُمُ ٱلنَّبِيَّ يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوۡرَةٞ وَمَا هِيَ
بِعَوۡرَةٍۖ إِن يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارٗا ﴿١٣﴾

*ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ① (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ توغرۇلۇق تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار② [10]. بۇ يەردە مۆئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى③ [11]. ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (شەك) كېسىلى بارلار: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېرىپتىكەن» دېيىشكەن ئىدى④ [12]. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر*

***گۇرۇھ ئادەم: «ئى يەسرىبلىكلەر!⑤ (بۇ يەردە) سىلەر ئۈچۈن تۇرىدىغان (ئامان) جاي يوق، شۇڭا سىلەر (ئۆيۈڭلەرگە) قايتىڭلار!⑥» دېدى، ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: «بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقلۇقتا (يەنى ھىمايىسىز ئىدى)» دەپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سوراشقا باشلىدى⑦، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقلۇقتا ئەمەس ئىدى، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايتتى⑧ [13].***

① يەنى دۈشمەنلەر ھەر تەرەپتىن كەلگەن بولۇپ، ئۈستى تەرەپتىن غەتەفان، ھەۋازىن يەنە نەجد مۇشرىكلىرى، ئاستى تەرەپتىن قۇرەيشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى كەلگەن ئىدى.

② بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا دۇچ كەلگەن ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بېرىۋاتىدۇ.

③ يەنى مۇسۇلمانلار قورقۇنچ، ئۈرۈش، ئاچارچىلىق ۋە مۇھاسىرە ئارقىلىق سىنالدى. بۇ سىناق ئۇلارنى قاتتىق سىلكىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت كىمنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن ئىدى.

④ يەنى ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋەدىسى قۇرۇق گەپ ئىكەن، دېيىشتى. تەخمىنەن يەتمىش مۇناپىقنىڭ ئاغزىدىن دىللىرىدا مەخپىي تۇتقان بۇ سۆز چىقتى.

⑤ «يەسرىب» پۈتۈن بىر رايوننىڭ نامى بولۇپ، مەدىنە ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى بىر شەھەر ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە يەسرىب دەپ ئىپادىلەندى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەدىنىنىڭ «يەسرىب» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەمالىقەلىك كىشىلەردىن بىرسى بۇ يەردە ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى يەسرىب ئىبنى ئەمىل ئىدى. (فەتھۇلقەدىر)

⑥ يەنى مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن بىللە تۇرۇش خەتەرلىك، ياخشىسى ھەممىڭلار ئۆيلىرىڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار! دېدى.

⑦ يەنى بىر گۇرۇھ ئادەم: بەنى قۇرەيزە تەرەپتىن كېلىدىغان ھۇجۇم خەۋپى بار. ئائىلە ۋە مال-مۈلۈكلىرىمىزگە زەرەر يېتىشتىن قورقىمىز، دەپ باھانە كۆرسىتىشكە باشلىدى.

⑧ يەنى ئۇلارنىڭ خەتەر دەپ كۆرسەتكىنى خەتەر ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ باھانىسى ئىدى. ئۇلار شۇنى باھانە قىلىپ قاچماقچى بولغان ئىدى. ﴿عَوۡرَةٞ﴾ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت ۋە ئاتالغۇ مەنىسى سۈرە نۇر 58-ئايەتنىڭ شەرھىسىدە بايان قىلىندى.

وَلَوۡ دُخِلَتۡ عَلَيۡهِم مِّنۡ أَقۡطَارِهَا ثُمَّ سُئِلُواْ ٱلۡفِتۡنَةَ لَأٓتَوۡهَا وَمَا
تَلَبَّثُواْ بِهَآ إِلَّا يَسِيرٗا ﴿١٤﴾ وَلَقَدۡ كَانُواْ عَٰهَدُواْ ٱللَّهَ مِن قَبۡلُ لَا
يُوَلُّونَ ٱلۡأَدۡبَٰرَۚ وَكَانَ عَهۡدُ ٱللَّهِ مَسۡـُٔولٗا ﴿١٥﴾ قُل لَّن يَنفَعَكُمُ ٱلۡفِرَارُ
إِن فَرَرۡتُم مِّنَ ٱلۡمَوۡتِ أَوِ ٱلۡقَتۡلِ وَإِذٗا لَّا تُمَتَّعُونَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿١٦﴾ قُلۡ
مَن ذَا ٱلَّذِي يَعۡصِمُكُم مِّنَ ٱللَّهِ إِنۡ أَرَادَ بِكُمۡ سُوٓءًا أَوۡ أَرَادَ بِكُمۡ
رَحۡمَةٗۚ وَلَا يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ﴿١٧﴾ ۞ قَدۡ
يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلۡمُعَوِّقِينَ مِنكُمۡ وَٱلۡقَآئِلِينَ لِإِخۡوَٰنِهِمۡ هَلُمَّ إِلَيۡنَاۖ

*ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەدىنىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىلسە، ئاندىن ئۇلاردىن ئىماندىن يېنىپ، (مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش) تەلەپ قىلىنسا ئىدى، ئۇلار بۇ تەلەپكە دەرھال ماقۇل بولاتتى، (ئەگەر ئىككىلىنىپ قالسىمۇ) ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئىككىلىنىپ قالاتتى① [14]. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئىلگىرى (جىھادتىن) ئارقىغا چېكىنمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھقا ۋەدە بەرگەن ئىدى②. ئاللاھقا بېرىلگەن ۋەدە ئەلۋەتتە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ③ [15]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆلۈمدىن يا ئۆلتۈرۈلۈشتىن (قورقۇپ، جىھادتىن) قاچساڭلار، قېچىشىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، قاچقان تەقدىردىمۇ (بۇ ھاياتتىن) پەقەت ئازغىنە ۋاقىت بەھرىمەن بولالايسىلەر»④ [16]. ئېيتقىنكى: «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، سىلەرنى ئاللاھتىن كىم قوغداپ قالالايدۇ، ياكى ئاللاھ سىلەرگە بىرەر رەھمەتنى تەقدىر قىلسا، (ئۇنى كىم توسۇپ قالالايدۇ؟)»⑤ ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىگە ۋە ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدۇ [17]. ئاللاھ*

***سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (جىھادتىن) توسقۇچىلارنى ۋە قېرىنداشلىرىغا (يەنى ئۆز تەرەپدارلىرىغا مۇسۇلمانلارنى تەرك ئېتىپ) بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىڭلار⑥ دېگۈچىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ،***

① يەنى ئەگەر دۈشمەنلەر مەدىنىگە ياكى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئاندىن ئۇلاردىن كۇفرىغا ۋە شېرىككە قايتىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلار ئازراقمۇ ئىككىلەنمەستىن كۇفرىغا تېزلا باش ئېگەتتى. ھەتتا ئۆيلىرىمىز ئوچۇقلۇقتا دېگەن ئۆزرىمۇ بايان قىلمايتتى. يەنى ئۇلار كۇفرىغا ۋە شېرىككە قىزىقىدۇ ۋە شۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ.

② رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ مۇناپىقلار بەدرى غازىتى بولغانغا قەدەر مۇسۇلمان بولمىغان. مۇسۇلمانلار غازاتتا غەلىبە قىلىپ، غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ قايتقانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىپلا قالماستىن يەنە كېلەر قېتىم كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش بولۇپ قالسا، مۇسۇلمانلار سېپىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشقا ئەھدە قىلغان. بۇ يەردە ئۇلارغا مەزكۇر ئەھدىلىرى ئەسكەرتىلدى.

③ يەنى ئۇلاردىن شۇ ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلمىسا، جازاغا لايىق بولىدۇ.

④ يەنى ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ھەتتا جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كېتىشىنىڭمۇ ئەجەلنى كېچىكتۈرۈشكە پايدىسى بولمايدۇ، نامەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ھامان ئۆلۈمنىڭ شەربىتىنى ئىچمەي ئامال يوق.

⑤ يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھالاك قىلىش، كېسەل قىلىش، مال ـ مۈلۈكۈڭلار ۋە تۇرالغۇ ـ جايلىرىڭلارغا زىيان يەتكۈزۈش ۋە قەھەتچىلىككە مۇپتىلا قىلىشنى ئىرادە قىلسا، كىم سىلەرنى ساقلاپ قالالايدۇ؟ ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، كىم ئۇنى توسۇپ قالالايدۇ؟

⑥ بۇ سۆزنى دېگەنلەر مۇناپىقلار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دوستلىرىنىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە غازاتقا قاتنىشىشتىن توساتتى.

وَلَا يَأْتُونَ ٱلْبَأْسَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٨﴾ أَشِحَّةً عَلَيْكُمْۖ فَإِذَا جَآءَ ٱلْخَوْفُ
رَأَيْتَهُمْ يَنظُرُونَ إِلَيْكَ تَدُورُ أَعْيُنُهُمْ كَٱلَّذِى يُغْشَىٰ عَلَيْهِ مِنَ
ٱلْمَوْتِۖ فَإِذَا ذَهَبَ ٱلْخَوْفُ سَلَقُوكُم بِأَلْسِنَةٍ حِدَادٍ أَشِحَّةً عَلَى
ٱلْخَيْرِۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَمْ يُؤْمِنُواْ فَأَحْبَطَ ٱللَّهُ أَعْمَٰلَهُمْۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ
يَسِيرًا ﴿١٩﴾

*ئۇلار (رىيا قىلىپ) جەڭگە ئاندا ـ ساندا قاتنىشىپ قويىدۇ① [18]. ئۇلار (قاتناشقاندىمۇ) سىلەرگە (ياردەمدە بولۇشقا) بېخىلدۇر② ، ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ ساڭا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن③ . قورقۇنچ كەتكەندە، ئۇلار پۇل ـ مالغا قارىتا ئاچكۆزلۈك قىلىپ④ سىلەرنى ئۆتكۈر (ۋە زەھەرلىك) تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ⑤ . ئەنە شۇلار (دىلى بىلەن) ئىمان ئېيتقان ئەمەس⑥ . شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى⑦ ، بۇ ئاللاھ ئۈچۈن ئاساندۇر⑧ [19].*

① چۈنكى، ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقىدۇ. شۇڭا ئۇرۇشقا ئانچە قاتناشمايدۇ.

② يەنى سىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ خەندەك كولاشتا ياكى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مال خەجلەشتە ياكى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشتا پاسسىپ ۋە بېخىلدۇر.

③ بۇ ئايەت ئۇلاردىكى قورقۇنچاقلىق ۋە غەيرەتسىزلىكنىڭ قايسى ھالەتتە ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەردى.

④ يەنە بىر مەنىسى، ئۇلاردا ھىممەت يوق، ياخشىلىققا ئىنتىلىشمۇ يوق، يەنى ئۇلاردا مەزكۇر ئىللەت ۋە خاتالىقلار بار، ئەمما ياخشىلىق يوق، دېمەك ئۇلاردا خەيرىلىك يوق.

⑤ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى ھەققىدە گەپ ساتىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى پۈتۈنلەي يالغاندۇر. يەنە بىر مەنىسى،

ئۇلار غەنىيمەت تەقسىم قىلىنغاندا گەپدانلىق بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، غەنىيمەتتىن كۆپرەك ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار غەنىيمەت تەقسىم قىلىپ بېرىشتە ھەممىدىن بېخىل، ئېلىشتا ھەممىدىن كۆپ نېسىۋە ئالىدىغان، ئۇرۇش قىلىشتا ئەڭ توخۇ يۈرەك بولۇپ، ھەمراھلىرىنى ياردەمسىز تاشلاپ قاچىدىغانلاردۇر.

⑥ يەنى چىن قەلبى بىلەن ئىمان ئېيتمىغان، شۇڭا ئۇلار مۇناپىقتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا كۇفرىلىق ۋە تەرسالىق ئورناپ كەتكەن.

⑦ چۈنكى ئۇلار كاپىر ۋە مۇشرىكتۇر. كاپىر ۋە مۇشرىكنىڭ ئەمەللىرى بىكار قىلىنىدۇ. ئۇلارغا ھېچ ساۋاب بېرىلمەيدۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ﴿اَحْبَطَ﴾ بۇ يەردە " أَظْهَرَ» مەنىسىدە كەلگەن. يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولغانلىقىنى زاھىر (ئاشكارا) قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ساۋابقا لايىق ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى (يەنى رىياخورلۇق بىلەن قىلغان جىھادلىرىنى) بىكار قىلىۋەتتى. (فەتھۇلقەدىر)

⑧ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلارچە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى بەربات قىلىش ئاللاھ ئۈچۈن ئاساندۇر.

يَحْسَبُونَ ٱلْأَحْزَابَ لَمْ يَذْهَبُوا۟ ۖ وَإِن يَأْتِ ٱلْأَحْزَابُ يَوَدُّوا۟ لَوْ أَنَّهُم
بَادُونَ فِى ٱلْأَعْرَابِ يَسْـَٔلُونَ عَنْ أَنۢبَآئِكُمْ ۖ وَلَوْ كَانُوا۟ فِيكُم مَّا
قَٰتَلُوٓا۟ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٢٠﴾ لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِى رَسُولِ ٱللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ
لِّمَن كَانَ يَرْجُوا۟ ٱللَّهَ وَٱلْيَوْمَ ٱلْـَٔاخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ كَثِيرًا ﴿٢١﴾

*ئۇلار (قاتتىق قورققانلىقتىن) ئىتتىپاقداش قوشۇننى (تېخى) چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ①، ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن قايتا كەلسە، ئۇلار (سەھرادا) ئەئرابلارنىڭ (يەنى سەھرا ئەرەبلىرىنىڭ) ئېچىدا تۇرۇپ سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى ئۇقۇشۇشقاچ، (تىنچ يېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ②، ئۇلار (ئۇرۇش ۋاقتىدا) ئاراڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، (قورققانلىقتىن) جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئازدا -*

***ساندا قاتنىشىپ قوياتتى③ [20]. شەكسىزكى، سىلەرگە — ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە④ رەسۇلۇللاھ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر⑤ [21].***

① يەنى بۇ مۇناپىقلاردىكى قورقۇنچاقلىق، يۈرەكسىزلىك ۋە غەيرەتسىزلىك شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، گەرچە كاپىرلار قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي چېكىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىتتىپاقداش قوشۇننى تېخىچە چېدىر-بارىگاھلىرىدا بار دەپ ئويلايدۇ.

② يەنى پەرەز قىلايلۇق، كاپىرلار قوشۇنى قايتا ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ قايتىپ كەلسە، ئۇلار مەدىنە شەھىرىدە بولماي، بەلكى سەھرادا ئەرابىيلارنىڭ يېنىدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار سەھرادا تۇرۇپ كىشىلەردىن سىلەرنىڭ خەۋەرىڭلارنى ئۇقۇشماقچى بولۇپ: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ھالاك بولدىمۇ؟ ئىتتىپاقداش قوشۇن غەلىبە قىلدىمۇ-يوق؟ دەپ سوراپ تۇرىدۇ.

③ ئۇلار جەڭگە پەقەت نومۇس قىلغانلىقتىن ياكى ۋەتەنداش بولغانلىق يۈزىسىدىنلا قاتنىشىپ قوياتتى. بۇ ئايەتتە جىھادتىن قاچقان ياكى چېكىنىۋالغان كىشىلەرگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار.

④ بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىدىغانلار پەقەت ئاخىرەتتە ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا شەكسىز ئىشىنىدىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىدىغان كىشىلەردۇر.

⑤ يەنى ئى مۇسۇلمانلار! ئى مۇناپىقلار! سىلەر ھەممىڭلار ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر جىھاد قىلىشتا، چىداملىق ۋە ساباتلىق بولۇشتا ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار. پەيغەمبىرىمىز جىھاد مەيدانىدا ئاچ قالدى. ھەتتا قورسىقىغا تاش تېڭىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. يۈزى زەخملەندى، چىشى سۇندى، ئۆز قولى بىلەن خەندەك كولىدى. بىر ئايغىچە دۈشمەنگە قارشى ئالدىنقى سەپتە تۇردى. بۇ ئايەت، گەرچە ئەھزاب غازىتى جەريانىدا نازىل بولغان، ئۇنىڭدا جەڭ مەيدانىدا خۇسۇسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە ئەمر قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى

ئۇمۇمىيدۇر. يەنى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق سۆزلىرىدە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ۋە پۈتۈن ئەھۋالدا ئۈلگە قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشى زۆرۈردۇر، مەيلى ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئىقتىساد ياكى سىياسەت بولسۇن، ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئۇنىڭ يولىيورۇقلىرىغا بويسۇنۇش ۋە ئەگىشىش ۋاجىبتۇر. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾. (سۈرە ھەشر 7ـئايەت) يەنە ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار﴾. (سۈرە ئال ئىمران 31ـئايەت) بۇ ئايەتلەر يۇقىرىدىكى مەزمۇننى تەكىتلەيدۇ.

وَلَمَّا رَءَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلْأَحْزَابَ قَالُوا۟ هَٰذَا مَا وَعَدَنَا ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَصَدَقَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ ۚ وَمَا زَادَهُمْ إِلَّآ إِيمَٰنًا وَتَسْلِيمًا ﴿٢٢﴾ مِّنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا۟ مَا عَٰهَدُوا۟ ٱللَّهَ عَلَيْهِ ۖ فَمِنْهُم مَّن قَضَىٰ نَحْبَهُۥ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ ۖ وَمَا بَدَّلُوا۟ تَبْدِيلًا ﴿٢٣﴾

***مۇئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: «بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتقان» دېيىشتى①. بۇ (ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ كەلگەنلىكى) پەقەت ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا بولغان) ئىمانىنى ۋە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) ئىتائەتمەنلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇردى② [22]. مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر داداللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار③. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى④، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (ۋەدىسىنى) قەتئىي ئۆزگەرتمىدى⑤ [23].***

① يەنى مۇناپىقلار ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بەرگەن ۋەدىسى يالغان ئىكەن، دېگەن بولسا؛ ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، مۇئمىنلەر: ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ۋەدىسى راستتۇر، ئاللاھ بىزنى سىناق ۋە ئىمتىھانلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن غەلىبە-نۇسرەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، دەيدۇ.

② يەنى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى ۋە دەھشىتى ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تەۋرىتەلمىدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. بۇ ئايەت كىشىلەر دۇچ كەلگەن ھەر خىل ئەھۋال ئېتىبارى بىلەن ئىماننىڭ ئاجىزلاپ ۋە كۈچىيىپ تۇرىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

③ بۇ ئايەت مەزكۇر غازاتتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن. جەڭگىۋار ۋە ساباتلىق بولغان بىر قىسىم ساھابە كىراملار ھەققىدە نازىل بولدى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەدرى غازىتىغا قاتنىشالماي قالغان ساھابە كىراملارمۇ بار ئىدى. ئۇلار: ئەگەر كەلگۈسىدە ھەر قانداق بىر غازات بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا تولۇق قاتنىشىمىز دەپ، ئەھدە قىلغان ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ئۇ غازات قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولدى. ئۇنىڭ بەدىنىدە ئوق، قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن زەخىملەنگەن 80 دىن ئارتۇق جاراھەت ئىزى بار ئىدى. ئۇ شېھىت بولغاندىن كېيىن ھەمشىرىسى ئۇنى بارماقلىرى ئارىسىدىكى بەلگىلەردىنلا تونۇيالىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 2805-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 3201-ھەدىس)

④ ﴿نَحْبَهُ﴾ دېگەن ئەھدە قىلماق، بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ ئۆزىگە ۋەدە قىلماق، ئۆلمەك دېگەن مەنىدە. ئەنە شۇ سادىق مۇئمىنلەرنىڭ بىر قىسمى ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ياكى ئۆزىگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شېھىت بولدى.

⑤ يەنە بىر قىسمى تېخى شېھىت بولمىدى، ئەمما جىھادقا قاتنىشىپ، شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش ئارزۇسىدا تۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئۆزگەرتكىنى يوق.

لِّيَجۡزِيَ ٱللَّهُ ٱلصَّٰدِقِينَ بِصِدۡقِهِمۡ وَيُعَذِّبَ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ إِن شَآءَ أَوۡ
يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٢٤﴾ وَرَدَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ بِغَيۡظِهِمۡ لَمۡ يَنَالُواْ خَيۡرٗاۚ وَكَفَى ٱللَّهُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱلۡقِتَالَۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ قَوِيًّا عَزِيزٗا ﴿٢٥﴾ وَأَنزَلَ ٱلَّذِينَ ظَٰهَرُوهُم مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ
مِن صَيَاصِيهِمۡ وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلرُّعۡبَ فَرِيقٗا تَقۡتُلُونَ
وَتَأۡسِرُونَ فَرِيقٗا ﴿٢٦﴾ وَأَوۡرَثَكُمۡ أَرۡضَهُمۡ وَدِيَٰرَهُمۡ وَأَمۡوَٰلَهُمۡ

*ئاللاھ راستچىللارنى راستچىللىقى يۈزىسىدىن (ئاخىرەتتە) مۇكاپاتلايدۇ، مۇناپىقلارنى ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ ياكى ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ① . شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر [24]. ئاللاھ كاپىرلارنى (مەدىنىدىن) ئاچچىقتىن ئىچىنى يېگەن (ئۇچرىغان تالاپەت سەۋەبلىك ھەممىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن) ھېچقانداق غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن ھالدا قايتۇردى② ، ئاللاھ (بوران ۋە پەرىشتە ئارقىلىق) مۆئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى③ ، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [25]. ئاللاھ ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى (يەنى رەسۇلۇللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى) قورغانلىرىدىن چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئى ئىمان ئېيتقانلار! شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇلارنىڭ) بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلىكىنى ئەسىر ئالدىڭلار [26]. ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىنلىرىغا، قورۇ ـ جايلىرىغا، مال ـ مۈلۈكىگە④*

① يەنى ئۇلارنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

② يەنى بۇ مۇشرىكلار قوشۇنى ھەرقايسى قەبىلىلەردىن تەشكىللىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ نام-نىشانىنى قالدۇرماي يوقىتىمىز، دەپ كەلگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەيۇسلەنگەن ۋە غەزەبلەنگەن ھالدا قايتۇردى. دۇنيادا ئېرىشمەكچى بولغان مال-غەنىيمەتلەرگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىرەتتىمۇ ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. دېمەك ئۇلار

ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى.

③ يەنى مۇسۇلمانلارغا ئۇلار بىلەن روبىرۇ ئۇرۇش قىلىش زۆرۈرىيىتىمۇ بولمىدى. بەلكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. بەندىسىگە نۇسرەت ئاتا قىلدى. قوشۇننى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئىتتىپاقداش قوشۇننى ئۆزى يالغۇز مەغلۇب قىلدى. ئاللاھ تائالادىن غالىب ھېچنەرسە يوقتۇر». (سەھىھۇل بۇخارى1797 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1344 ـ ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج ـ ئۆمرىدىن، جىھادتىن ۋە سەپەردىن قايتقاندا بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى.

④ بۇ ئايەتتە بەنى قۇرەيزە غازىتى تىلغا ئېلىنىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئەھزاب غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى بۇزۇپ، ئىتتىپاقداش قوشۇندىكى مۇشرىكلار ۋە باشقا يەھۇدىيلار بىلەن ھەمكارلاشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب غازىتىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيىگە كىرىپ ئەمدى يۇيۇنۇپ بولۇپ تۇرغان چاغدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلدى ۋە دېدىكى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قورالنى قويۇپ بولدۇڭمۇ؟ بىز پەرىشتىلەر تېخى قوراللىرىمىزنى قويمىدۇق. ئاللاھ سېنى بەنى قۇرەيزىگە (يەنى ئۇلارنىڭ قەلئەلىرى جايلاشقان يەرگە) قاراپ ئاتلىنىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ مېنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى بەنى قۇرەيزىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزىدە ئوقۇشنى تاپىلىدى. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ تۇرار جايى مەدىنىدىن بىر قانچە مىل يىراقلىقتا ئىدى. ئۇلار قەلئەلىرىگە بېكىنىۋالدى. مۇسۇلمانلار كېلىپ ئۇلارنى سىرتتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە 25 كۈنچە داۋاملاشتى.

ئاخىرى ئۇلار (ئۇزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئىتتىپاقدىشى بولغان ئۈچىنچى بىر تەرەپ) سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قانداق ھۆكۈم قىلسا، شۇنىڭغا رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئىچىدىكى جەڭچىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە، ئايال-

باللىرىنىڭ ئەسىر ئېلىنىشىغا ۋە مال-مۈلۈكىنىڭ ئولجا ئېلىنىپ، مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىنىشىغا ھۆكۈم قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلاپ: «ھەقىقەتەن يەتتە ئاسمان ئۈستىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلدىڭ» دېدى. ئۇنىڭ ھۆكمى بويىچە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ جەڭچىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. مەدىنە ئۇلارنىڭ ناپاك ۋۇجۇدىدىن پاك قىلىندى. (سەھىھۇل بۇخارى 4121-ھەدىسكە قارالسۇن) ﴿ظَاهَرُوهُم﴾ ئاللاھ مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى ﴿أَنزَلَ﴾ قەلئەلىرىدىن، قورغانلىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈردى.

وَأَرْضًا لَّمْ تَطَـُٔوهَا ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرًا ﴿٢٧﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ
قُل لِّأَزْوَٰجِكَ إِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيْنَ
أُمَتِّعْكُنَّ وَأُسَرِّحْكُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا ﴿٢٨﴾ وَإِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ ٱللَّهَ
وَرَسُولَهُۥ وَٱلدَّارَ ٱلْـَٔاخِرَةَ فَإِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ لِلْمُحْسِنَـٰتِ مِنكُنَّ أَجْرًا
عَظِيمًا ﴿٢٩﴾

*ۋە بۇرۇن سىلەر قەدەم بېسىپ باقمىغان زېمىنغا ۋارىس قىلدى (يەنى مىراس قىلىپ بەردى)① ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [27]. ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ ئالدىڭغا توپلىشىپ كەلگەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بۇ دۇنيالىق ھاياتنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنىلا كۆزلەيدىغان بولساڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرىپ، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي [28]. ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى (تائەت ئىبادەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارغا چوڭ مۇكاپات (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇنېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييارلىدى»② [29].*

① بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى «قەدەم بېسىپ باقمىغان زېمىن»

خەيبەر زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، خەيبەر ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن فەتھى قىلىنغان. دەيدۇ. بەزىلەر: ئۇ زېمىن مەككىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر: رىم ۋە پارىسلارنىڭ زېمىنلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېسە، بەزىلەر: قىيامەتكە قەدەر مۇسۇلمانلار فەتھى قىلىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

② فەتھى-غەلىبىلەر نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىلگىرىكىدىن خېلى ياخشى بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، ئەنسارلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئاياللىرىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ قوشۇمچە نەپىقىلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاددى-ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ياقتۇرىدىغان بولغاچقا، ئاياللىرىنىڭ بۇ تەلىۋىدىن نارازى بولۇپ، ئۇلاردىن ئايرىم تۇرۇشنى قارار قىلدى ۋە بىر ئايغىچە ئۇلاردىن يىراق تۇردى. ئاخىرى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىختىيارلىق بېرىشنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشلاپ: «مەن ھەققەتەن سىزگە بىر ئىشنى ئەسلەتمەكچى، ئۇ ئىشتا ئاتا-ئانىڭىزغا مەسلىھەت سالمىغىچە ئالدىراپ بىر قارارغا كېلىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئائىشە: نېمە ئىش ئۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. ئائىشە ئاتا-ئانامغا سەن توغرۇلۇق مەسلىھەت سالامدىم؟ شەكسىزكى، مەن ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىختىيار قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىمۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئۇلاردىن بىرسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ، راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئىختىيار قىلمىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4786-ھەدىس)

مۇپەسسىر تابىئىنلاردىن ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىدا توققۇز خوتۇن بار ئىدى. بەشى قۇرەيشتىن بولۇپ، ئۇلار ئائىشە، ھەفسە، ئۇممۇ ھەبىبە، سەۋدە ۋە ئۇممۇ سەلىمە قاتارلىقلار ئىدى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). قالغان تۆت ئايالى: بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن ھۇيەيىنىڭ قىزى سەفىيە، ھىلال قەبىلىسىدىن ھارىسىنىڭ قىزى مەيمۇنە، ئەسەد قەبىلىسىدىن جەھشىنىڭ قىزى زەينەب ۋە مۇستەلقىيە قەبىلىسىدىن ھارىسىنىڭ قىزى جۇۋەيرىيە قاتارلىقلار ئىدى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). بەزى ئۆلىمالار،

ئەر تەرەپتىن ئايرىلىش ئىختىيارى بېرىلگەنلىك تالاق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇ قاراش توغرا ئەمەس. توغرىسى شۇكى، ئايرىلىش ئىختىيارى بېرىلگەندىن كېيىن، ئەگەر ئايال ئايرىلىشنى خالىسا، ئاندىن تالاق بولىدۇ (بولغاندىمۇ پەقەت يېنىشقۇالغىلى بولىدىغان تالاق بولىدۇ، بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بويىچە). ئەگەر ئايال ئايرىلىشنى ئىختىيار قىلمىسا، ئۇ چاغدا تالاق ھېسابلانمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ مىسالى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ ئايرىلىشنى ئىختىيار قىلماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىدە قىلىشنى ئىختىيار قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ تاللىشى تالاق ھېسابلانمىدى. (سەھىھ بۇخارى 5262-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1477-ھەدىس)

يَٰنِسَآءَ ٱلنَّبِيِّ مَن يَأۡتِ مِنكُنَّ بِفَٰحِشَةٖ مُّبَيِّنَةٖ يُضَٰعَفۡ لَهَا ٱلۡعَذَابُ ضِعۡفَيۡنِۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٗا ﴿٣٠﴾

***ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! ئاراڭلاردىن كىمكى ئوپئوچۇق بىر قەبىھ ئىشنى قىلىدىكەن①، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئازاب قىلىنىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر [30].***

① قۇرئاندا ﴿الفَاحِشَةِ﴾ دېگەن سۆز ئەلىف لام بىلەن ئېنىقلىق ھالەتتە كەلسە، زىنا مەنىسىدە كەلگەن بولىدۇ. ئەمما ﴿فَاحِشَةٍ﴾ دەپ ئەلىف لامسىز ئېنىقسىز ھالەتتە كەلسە، قەبىھ ئىش دېگەن مەنىدە كەلگەن بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە كەلگەندەك. ئۇ سۆز بۇ يەردە ئەخلاقسىزلىق، ئەدەبسىزلىك، نامۇۋاپىق مۇئامىلە ۋە ئۇسۇل دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەدەبسىزلىك قىلىش ئۇنىڭغا ئازار بەرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئازار بېرىش كۇفۇرلۇق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىدى. يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ ئادەتتىكى نۇقسانلىرىمۇ چوڭ خاتالىق ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا ئىككى ھەسسە ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى.

۞ وَمَن يَقْنُتْ مِنكُنَّ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتَعْمَلْ صَٰلِحًا نُّؤْتِهَآ أَجْرَهَا
مَرَّتَيْنِ وَأَعْتَدْنَا لَهَا رِزْقًا كَرِيمًا ﴿٣١﴾ يَٰنِسَآءَ ٱلنَّبِيِّ لَسْتُنَّ كَأَحَدٍ
مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِنِ ٱتَّقَيْتُنَّ فَلَا تَخْضَعْنَ بِٱلْقَوْلِ فَيَطْمَعَ ٱلَّذِى فِى
قَلْبِهِۦ مَرَضٌ وَقُلْنَ قَوْلًا مَّعْرُوفًا ﴿٣٢﴾

***سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، بىز ئۇنىڭغا مۇكاپاتنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز①، بىز ئۇنىڭغا (جەننەتتە) ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق [31]. ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر②. ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن گەپ قىلماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، كۆڭلىدە بۇزۇقلۇق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ③، (شۇڭا گەپ قىلغاندا گۇماندىن خالىي) ياخشى گەپنى قىلىڭلار④ [32].***

① يەنى ئۇنىڭغا گۇناھىنىڭ جازاسى ئىككى ھەسسە بېرىلگەنىدەك، ياخشى ئەمەلىنىڭ ساۋابىمۇ ئىككى ھەسسە بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دېدىكى: ﴿(ناۋادا سەن ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ مايىل بولغان بولساڭ)، ئۇ چاغدا، ئەلۋەتتە ساڭا دۇنيانىڭ قاتمۇقات ئازابىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ قاتمۇقات ئازابىنى تېتىتقان بولاتتۇق﴾. (سۈرە ئىسرا 75-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

② سىلەرنىڭ ئورنۇڭلار ۋە مەرتىۋەڭلار ئادەتتىكى ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆز ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەپىقە بولۇش شەرىپىگە نائىل قىلدى. شۇ ۋەجىدىن سىلەر ئاللاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش سىلەرمۇ ئۈممەتكە نەمۇنە ۋە ئۈلگە بولىسىلەر. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى ئەسكەرتىلگەن ئاساستا ئۇلارغا بىر قىسىم يولىيورۇقلار بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى خىتاب گەرچە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى دەپ ئاتالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بايان ئۇسلۇبىغا قارىغاندا خىتاب پۈتۈن ئىسلام

ئۈممىتى ئاياللىرىغا قارىتىلغان. يەنى بۇ يەردە پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ئاياللىرىغا چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. شۇ ۋەجىدىن بۇ يوليۇرۇقلار پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللار ئۈچۈندۇر.

③ ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەرلەرنى جەلپ قىلىدىغان جازىبىلىك ئالامەتلىرىنى ياراتقاندەك، (ئاياللار ئەرلەرنى ئىزدىتىشقا سەۋەبكار بولۇپ قالمىسۇن دەپ، بۇ ئالامەتلەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈنمۇ يوليۇرۇق بېرىلدى) ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىمۇ تەبىئىي نازاكەت، دىلكەشلىك، مۇلايىملىق ۋە يۇمشاقلىقنى ياراتتى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئەرلەرنى جەلپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاۋازنى كونترول قىلىش ئۈچۈنمۇ يوليۇرۇق بېرىلدىكى، ئاياللار يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا ئاۋازنىڭ تونى ۋە ئاھاڭىنى قەستەن نازاكەتسىز، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە سەل قوپال قىلسۇن. بولمىسا، دىلىدا يامان غەرىزى بار ئادەم نازاكەتلىك سۆزلەردىن تەسىرلىنىپ قالىدۇ، كۆڭلىدە يامان خىيال پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

④ يەنى سۆزنىڭ ئۇسلۇبىغا دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە ئاغزىڭلاردىن ئەخلاق ۋە قائىدە-يوسۇنغا زىت كېلىدىغان سۆزنى چىقارماڭلار. ﴿إِنِ اتَّقَيۡتُنَّ﴾ «ئەگەر ئاللاھتىن قورقىدىغان بولساڭلار يەنى تەقۋادارلىق ۋە پەرھىزكارلىق يولىنى تۇتىدىغان بولساڭلار» دېگەن ئىبارە چۈشەندۈرىدىغان ئۇقۇم شۇكى، بۇ يوليۇرۇقلار ۋە تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئەھكاملار تەقۋادار ئاياللار ئۈچۈندۇر. چۈنكى، پەقەت شۇلارلا ئاخىرەتتىكى نېسىۋىسىنىڭ بەربات بولۇپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. ئەمما، دىلىدا ئاللاھتىن قورقۇش بولمىغانلارنىڭ بۇ يوليۇرۇقلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇلار قاچان بۇ يوليۇرۇقلار ھەققىدە ئويلىنىدۇ؟

وَقَرۡنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجۡنَ تَبَرُّجَ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِ ٱلۡأُولَىٰۖ وَأَقِمۡنَ
ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتِينَ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِعۡنَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ
لِيُذۡهِبَ عَنكُمُ ٱلرِّجۡسَ أَهۡلَ ٱلۡبَيۡتِ وَيُطَهِّرَكُمۡ تَطۡهِيرٗا ٣٣

*سىلەر ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار①، (سىرتقا) ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار②، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە*

***ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار③، ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر!④ ئاللاھ (بۇ تەۋسىيە ئارقىلىق) سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاكىز قىلىشنى خالايدۇ [33].***

① يەنى ئۆيۈڭلاردا تۇرۇڭلار، زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياج بولمىسا، ئۆيدىن سىرتقا چىقماڭلار. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى ئاياللارنىڭ خىزمەت ساھەسى سىياسەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىمۇ ئەمەس، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆينىڭ ئىچىدە ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتۇر.

② بۇ ئايەتتە سىرتقا چىقىشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى بايان قىلىندى. ئەگەر سىرتقا چىقىش زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، ياسىنىپ چىقماڭلار، زىننەتلىرىڭلارنى ئاچقان ھالدا يەنى ھىجابسىز سىرتقا چىقماڭلار. باش، يۈز، بىلەك، پاچاق قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئوچۇق بولۇشى ئەرلەرگە نەزەر سىگنالى بېرىدۇ. شۇڭا، سىرتقا چىققاندا خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەستىن، ئاددىي-ساددا كىيىم بىلەن ھىجابلىنىپ چىقىڭلار.

﴿تَبَرُّجَ﴾ «ياسىنىپ چىقىش» دېگەن ھىجابلانماستىن زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ سىرتقا چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىم ئوچۇق بايان قىلدىكى، ياسىنىپ چىقىش جاھالەت ۋە قالاقلىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. يەنى ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىلمىشلىرىدۇر. كىمكى كەلگۈسىدىمۇ ئاشۇنداق ياسىنىپ چىقىش يولىنى تۇتسا، جاھىلىيەتنىڭ يولىنى تۇتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. گەرچە ئۇنى ھەر قانچە گۈزەل ۋە جەلپىلىكناملار بىلەن ئاتىۋالسىمۇ.

③ ئىلگىرىكى يوليورۇقلار يامانلىقتىن ساقلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تۆۋەندىكى يوليورۇقلار ياخشىلىقنى ئىختىيار قىلىشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

④ ﴿اَهْلَ الْبَيْتِ﴾ ئەھلى بەيت-«پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر» دېگەندىن كىملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟ بۇلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئىختىلاپ مەۋجۇت. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىنى «ئەھلى بەيت» دەپ ئاتىدى. قۇرئان كەرىم باشقا ئايەتلەردىمۇ پەيغەمبەرنىڭ ئايالىنى

«ئەھلى بەيت» دەپ ئاتىدى. مەسىلەن: سۈرە ھۇدنىڭ 73-ئايىتىدە. دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىنىڭ «ئەھلى بەيت» ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتىدە ئېنىق بايان قىلىندى. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى بىر يېپىنچا ئاستىغا ئېلىپ، «ئى ئاللاھ، بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىم (مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر)، بۇلاردىن گۇناھنى ساقىت قىلغىن ۋە ئۇلارنى تامامەن پاك قىلغىن»، دېگەن. (سۈنەنى تىرمىزى 3871-ھەدىس) بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ پەقەت ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىلا «ئەھلى بەيت» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىنى «ئەھلى بەيت» قاتارىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىنى «ئەھلى بەيت» دەپ سانايدۇ. شۇلار بىلەن بىللە يەنە سەدىقە يېيىش ھارام قىلىنغان تۆت جەمەتنى يەنى ئەلىنىڭ، ئەقىلنىڭ، جەئفەرنىڭ ۋە ئابباسنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ ئەھلى بەيت قاتارىدىن سانايدۇ. ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ ھۆكۈم قىلغاندا ھەر ئىككى تۈردىكىلەر «ئەھلى بەيت» جۈملىسىدىن بولىدۇ. ئۇلار: بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پاك ئاياللىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتىگە ئاساسەن «ئەھلى بەيت» سانىلىدۇ. ئىككىنچى، ئۇنىڭ باللىرى، نەۋرىلىرى ۋە كۈيئوغلى مەزكۇر سەھىھ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن «ئەھلى بەيت» قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنى بىر يېپىنچا ئاستىغا ئېلىپ، «ئى ئاللاھ! بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىم ...»، دېگەن، بۇ دۇئانىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئى ئاللاھ! بۇلارنىمۇ ئاياللىرىمغا ئوخشاش ئەھلى بەيت قاتارىغا كىرگۈزگىن، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئۇقۇم باشقا دەلىللەرگىمۇ ئۇيغۇندۇر. (ئىمام شەۋكانىينىڭ فەتھۇلقەدىر تەپسىرى)

وَٱذۡكُرۡنَ مَا يُتۡلَىٰ فِي بُيُوتِكُنَّ مِنۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ وَٱلۡحِكۡمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ
كَانَ لَطِيفًا خَبِيرًا ﴿٣٤﴾ إِنَّ ٱلۡمُسۡلِمِينَ وَٱلۡمُسۡلِمَٰتِ وَٱلۡمُؤۡمِنِينَ
وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ وَٱلۡقَٰنِتِينَ وَٱلۡقَٰنِتَٰتِ وَٱلصَّٰدِقِينَ وَٱلصَّٰدِقَٰتِ

وَٱلصَّٰبِرِينَ وَٱلصَّٰبِرَٰتِ وَٱلْخَٰشِعِينَ وَٱلْخَٰشِعَٰتِ وَٱلْمُتَصَدِّقِينَ
وَٱلْمُتَصَدِّقَٰتِ وَٱلصَّٰٓئِمِينَ وَٱلصَّٰٓئِمَٰتِ وَٱلْحَٰفِظِينَ فُرُوجَهُمْ
وَٱلْحَٰفِظَٰتِ وَٱلذَّٰكِرِينَ ٱللَّهَ كَثِيرًا وَٱلذَّٰكِرَٰتِ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُم
مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا ﴿٣٥﴾

***ئۆيۈڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ھېكمەتنى (ھەدىسلەرنى) ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار①، شەكسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە) ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، (ئەھۋالىڭلاردىن) خەۋەرداردۇر [34]. شەكسىزكى، مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، چىدامچان ئەرلەر ۋە چىدامچان ئاياللارغا، ئاللاھتىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھتىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، ئىپپىتىنى ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە ئىپپىتىنى ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات تەييارلىدى② [35].***

① يەنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار. بۇ يەردىكى «ھېكمەت» دېگەندىن ھەدىس شېرىپلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ: ھەدىسلەرمۇ قۇرئانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىش نىيىتى بىلەن ئوقۇلسا بولىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىنىڭ «ئەھلى بەيت» ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. چۈنكى، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ۋەھيى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىنىڭ ئۆيىدە، خۇسۇسەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە نازىل بولغان. بۇ نۇقتىنى سەھىھ ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ.

② ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە باشقا ئايال ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: نېمىشقا بىز ئاياللار قۇرئاندا ئەرلەر تىلغا

ئىلىنغاندەك تىلغا ئېلىنمايمىز، دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى. (مۇسنەدى ئەھمەد 6-توم، 301-بەت، سۈنەنى تىرمىزى 3211-ھەدىس) بۇ ئايەتتە ئاياللارنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتۇرۇلدى، بولمىسا، بىر قىسىم ئاياللارغا خاس ھۆكۈملەردىن باشقا بارلىق ھۆكۈملەر ئەر-ئاياللارغا ئورتاقتۇر. بۇ ئايەت ۋە باشقا ئايەتلەردىن ئايان بولىدۇكى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش، ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ساۋاب ۋە دەرىجىلەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ياخشى ئەمەللەرنىڭ دەرۋازىسى ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن بىردەك ئوچۇق بولۇپ، ھەر ئىككىسى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىپ، كۆپ ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ. جىنسىگە ئاساسەن ئېرىشىدىغان ساۋابى ئاز ياكى كۆپ بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردە مۇسۇلمان بىلەن مۆئمىننىڭ ئايرىم-ئايرىم تىلغا ئېلىنغانلىقى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مەلۇم پەرق بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەت ۋە باشقا ھەدىسلەر ئىماننىڭ دەرىجىسى ئىسلامنىڭ دەرىجىسىدىن بىر قەدەر ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ ۗ وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَٰلًا مُّبِينًا ﴿٣٦﴾ وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِىٓ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَٱتَّقِ ٱللَّهَ وَتُخْفِى فِى نَفْسِكَ مَا ٱللَّهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى ٱلنَّاسَ وَٱللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَىٰهُ ۖ

***ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارسا، ئەر - ئايال مۆئمىنلەرنىڭ شۇ ئىشتا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)①، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن (ئىتائەت قىلمايدىكەن)، شەكسىزكى، ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ [36]. ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «ئايالىڭنى (نىكاھىڭدا) تۇتقىن ۋە***

***ئاللاھتىن قورققىن!» دېدىڭ، ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ھالبۇكى، قورقۇشۇڭغا ئاللاھ ئەڭ ھەقلىق ئىدى② .***

① بۇ ئايەت زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ توي ئىشى ھەققىدە نازىل بولدى. زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېلىپ چىقىشى گەرچە ئەرەبلەردىن بولسىمۇ، باشقىلار ئۇنى كىچىك ۋاقتىدىلا مەجبۇرىي تۇتۇۋېلىپ قۇل ئورنىدا سېتىۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ قۇلى زەيدنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئازات قىلىپ، ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنى ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئاتا تەرەپ ھاممىسىنىڭ قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ ئىشقا زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر :زەيد بىر ئازاد قىلىنغان قۇل تۇرسا، بىز يۇقىرى نەسەبلىك ئائىلە تۇرساق، دەپ ئارىسالدى بولۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا بۇ ئايەت نازىل بولدى. دېمەك ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىر ئىشقا ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، ھەر قانداق مۇئمىن ئەر ۋە ئايالنىڭ ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىشقا ھەققى يوق. پەقەت چىقارغان ھۆكۈمگە بويسۇنۇشى لازىم. بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆز پىكىرلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى.

② لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ئوخشىماسلىق سەۋەبلىك ئائىلىدە ئىختىلاپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئايالنىڭ نەسەبى ئېسىل، مۆتىۋەر ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇللۇقتىن ئازات قىلىنغان بىر ئادەم بولغانلىقى سەۋەبتىن، ئۇلار ئارىسىدا جېدەل-ماجىرا بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە بىر يىلدىن ئارتۇق بىرگە ياشىدى. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرەتتى ۋە تالاق قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تالاق قىلىشتىن توساتتى، ئۆيىنى بۇزماسلىققا تەۋسىيە قىلاتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاگاھلاندۇرۇپ، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى چوقۇم تالاق قىلدىغانلىقى، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز نىكاھىغا ئالىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن شەرىئەت ھۆكمىدە بېقىۋالغان بالىنىڭ ھەقىقىي بالىغا ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنىنى نىكاھلاپ ئېلىشىنىڭ جايىز بولىدىغانلىقى، بۇ ئارقىلىق جاھىلىيەت ئۆرپ-ئادەتلىرىگە خاتىمە بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئالدىن بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ ئايەتتە يەنە ئاللاھ تائالانىڭ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاتا قىلغان مەرھەمەتلىرى بايان قىلىندۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىسلامغا مۇشەررەپ بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلدى، قۇللۇقتىن ھۆرلۈككە ئېرىشتۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دىنىنى تەلىم بەردى، ئۇنى قۇللۇقتىن ئازات قىلىپ، ئۆز ئوغلى سۈپىتىدە بالا قىلىۋالدى. ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن ھاممىسى ئۇمەيمە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلاندۇرۇپ قويدى. ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىدە يوشۇرغان نەرسە شۇ ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئېلىش بۇيرۇقى ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەن تۇرسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ: ئۆز كېلىنىنى بىلەن توي قىلدى، دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشىدىن قورقاتتى. ۋەھالەنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بۇ ئۆرپ-ئادەتنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغان تۇرسا، كىشىلەردىن قورقۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورقۇشى تەبىئىي بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسە شۇ ئىدىكى، بۇ نىكاھ چوقۇم بولىدۇ، بۇ ئىشتىن ھەممە كىشى خەۋەردار بولىدۇ.

فَلَمَّا قَضَىٰ زَيْدٌ مِّنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَٰكَهَا لِكَىْ لَا يَكُونَ عَلَى
ٱلْمُؤْمِنِينَ حَرَجٌ فِىٓ أَزْوَٰجِ أَدْعِيَآئِهِمْ إِذَا قَضَوْا۟ مِنْهُنَّ وَطَرًا ۚ وَكَانَ
أَمْرُ ٱللَّهِ مَفْعُولًا ﴿٣٧﴾ مَّا كَانَ عَلَى ٱلنَّبِىِّ مِنْ حَرَجٍ فِيمَا فَرَضَ ٱللَّهُ
لَهُۥ ۖ سُنَّةَ ٱللَّهِ فِى ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن قَبْلُ ۚ

*مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن① ، زەيد*

*ئايالىنى (يەنى زەينەبنى) قويۇۋەتكەندىن كېيىن②، بىز ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق③. ئاللاھنىڭ (زەينەبنى ساڭا نىكاھلاپ بېرىش توغرىسىدىكى) ئەمرى (ئەنە شۇنداق) ئورۇندالماقچى ئىدى④ [37]. ئاللاھ پەيغەمبەرگە بۇيرۇغان (بۇ) ئىشتا ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ⑤. (بۇ) ئاللاھنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە تۇتقان يولىدۇر⑥.*

① بۇ ئايەتتە زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاپ بېرىشنىڭ سەۋەبى بايان قىلىندى. يەنى كەلگۈسىدە ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۆزى بالا قىلىۋالغان ئوغلىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنىنى نىكاھلاپ ئېلىشقا توغرا كەلسە، بۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدىغانلىقى ۋە بىمالال نىكاھلانسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

② يەنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تالاق قىلغان ۋە زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، بىز ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق.

③ بۇ نىكاھ ئادەتتىكى ئۇسۇل بويىچە ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن روياپقا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپكە ۋەلىينىڭ رۇخستى بولماستىن، نىكاھ ئوقۇلماستىن، مەھرى بەرمەستىن، گۇۋاھچىلارنى ھازىر قىلماستىن ئۆيلەندى. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئەمرى شۇنداق ئىدى.

④ يەنى بۇ تەقدىر ئىلاھىيدا ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان ئىش ئىدى. بۇ ئىش ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاستىدا ۋۇجۇدقا چىقماي قالمايتتى.

⑤ بۇ ئايەت زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نىكاھلىنىشىغا قارىتىلىدۇ. چۈنكى بۇ نىكاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھالال قىلىنغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇنىڭدىن بىئەپلىك ھېس قىلىش ھاجەتسىز، گۇناھمىكى دەپ ئەنسىرەشنىڭمۇ ئورنى يوقتۇر.

⑥ يەنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئىجرا قىلغاندا، ھېچ قانداق ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمايتتى، خىجالەت

بولۇپ تۇرۇپمۇ قالمايتتى، ھەتتا ئۇ قەۋمنىڭ ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىغا زىت كېلىدىغان ئىش بولسىمۇ.

وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ قَدَرًا مَّقْدُورًا ﴿٣٨﴾ ٱلَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَٰلَٰتِ ٱللَّهِ
وَيَخْشَوْنَهُۥ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا ٱللَّهَ ۗ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ حَسِيبًا ﴿٣٩﴾ مَّا
كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَآ أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَٰكِن رَّسُولَ ٱللَّهِ وَخَاتَمَ
ٱلنَّبِيِّۦنَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٤٠﴾

***ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىلىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر① [38]. ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدىغان، ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان كىشىلەر ئىدى② (ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ ئاللاھتىن غەيرىيدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)، ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر③ [39]. مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس④، لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر⑤ (ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس) [40].***

① يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ھېكمەت بىلەن، كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ئاساستا ئۆزگەرمەس شەكىلدە بەلگىلەنگەن بولىدۇ. دۇنيا ھۆكۈمرانلىرىدەك ۋاقتلىق مەنپەئەت ۋە جىددىي زۆرۈرىيەتنى كۆزلىگەن ئاساستا بەلگىلەنمەيدۇ. ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىشنىڭ ئىجرا بولىدىغان ۋاقتىمۇ مۇقىم بولىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقتتا چوقۇم ئىجرا بولىدۇ.

② شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتە ھېچكىمدىن قورقۇش بولمايتتى. ھېچكىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇلارنىڭ يولىدا توسالغۇ

پەيدا قىلالمايتتى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ تاپا-تەنە ۋە مالامەت سۆزلىرىگىمۇ پەرۋا قىلمايتتى.

③ يەنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن ھەر جايدا مەۋجۇتتۇر. شۇڭا ئۇ بەندىلىرىگە ھەر ۋاقىت نۇسرەت بېرىشتە يېتەرلىكتۇر. دىنىنى يەتكۈزۈشتە دىشۋارچىلىققا ئۇچرىغانلارغا ئاللاھ ئۆزى ياردەم قىلىدۇ، چارىسىز قالغاندا چارە-تەدبىر ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنى دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ساقلايدۇ.

④ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز كېلىنى بىلەن نىكاھلاندى دەپ تەنە قىلىش ئاساسسىز. چۈنكى، ئۇ زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ ئۆز ئاتىسى ئەمەس، ھەتتا ھېچبىر ئەرنىڭمۇ ئاتىسى ئەمەس، ئەسلىدە زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ھارىسەنىڭ ئوغلى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بالا قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قائىدە-تۈزۈم بويىچە زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ ئاتىلاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئوغۇل ئەمەس ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ﴿ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار﴾ دېگەن ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، زەيد ئىبنى ھارىسە دەپ چاقىرىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان قاسىم ۋە ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇلار كىچىك چېغىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مارىيە قىبتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان ئىبراھىم ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇمۇ ئەمچەكتىكى ۋاقتىدا ۋاپات بولغان. ئوغۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسى بالاغەتكە يەتكىدەك ئۆمۈر كۆرمىگەن. دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغۇللىرى كىچىك چېغىدىلا ۋاپات بولۇپ، بالاغەت يېشىغا يەتمىگەنلىكتىن، ئۇ ھېچبىر ئەرنىڭ ئاتىسى ئەمەستۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ ﴿خَاتَمَ﴾ ئەسلىدە مۆھۈر دېگەن مەنىدە. بىر ئىشنىڭ ۋە كىتابنىڭ ئاخىرىمۇ " خَاتِمٌ " (خاتىمە) دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەرلىككە خاتىمە بېرىلدى. يەنى پەيغەمبەرلىك ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغانلار پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى كاززاپلار ۋە دەججاللاردۇر. بۇ مەسىلە ھەدىسلەردە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇنىڭغا پۈتۈن ئۇممەت ئۆلىمالىرى بىرلىككە

كەلگەن. سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسەن قىيامەت يېقىنلاشقاندا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشىدۇ. ئەمما، پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئۈممىتى سۈپىتىدە چۈشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ چۈشۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا زىت كەلمەيدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا ﴿٤١﴾ وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً
وَأَصِيلًا ﴿٤٢﴾ هُوَ ٱلَّذِى يُصَلِّى عَلَيْكُمْ وَمَلَـٰٓئِكَتُهُۥ لِيُخْرِجَكُم مِّنَ
ٱلظُّلُمَـٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ ۚ وَكَانَ بِٱلْمُؤْمِنِينَ رَحِيمًا ﴿٤٣﴾ تَحِيَّتُهُمْ يَوْمَ
يَلْقَوْنَهُۥ سَلَـٰمٌ ۚ وَأَعَدَّ لَهُمْ أَجْرًا كَرِيمًا ﴿٤٤﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ إِنَّآ
أَرْسَلْنَـٰكَ شَـٰهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا ﴿٤٥﴾ وَدَاعِيًا إِلَى ٱللَّهِ بِإِذْنِهِۦ
وَسِرَاجًا مُّنِيرًا ﴿٤٦﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار [41]. ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار (چۈنكى بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزەللىكى ھېسابلىنىدۇ) [42]. ئاللاھ سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمەت ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئەزەلدىن مۇئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر [43]. ئۇلار ئاللاھقا مۇلاقات بولغان كۈندە ئۇلارغا يوللىنىدىغان تەبرىك سۆز «سالام»دۇر①، ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ ئېسىل مۇكاپات تەييارلىدى [44]. ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن بىز سېنى گۇۋاھچى②، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئىرادىمىز بىلەن يولىمىزغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق③ [45-46].***

① يەنى جەننەتتە پەرىشتىلەر مۇئمىنلەرگە ياكى مۇئمىنلەر ئۆزئارا بىر-بىرىگە سالام قىلىدۇ.

② بەزى كىشىلەر ﴿شَاهِدًا﴾ شاھىت، گۇۋاھچى دېگەن سۆزنى ھازىر-نازىر يەنى «ھەر جايغا ھازىر بولغۇچى ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى» دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىغانلىقتۇر. ئۇنىڭ توغرا مەنىسى شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۇممىتىگە گۇۋاھچى بولىدۇ يەنە ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىنكار قىلغانلارغىمۇ گۇۋاھچى بولىدۇ. قىيامەت كۈنىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەرنى تاھارەت ئەزالىرىنىڭ يالتىراپ تۇرغانلىقىدىن تونۇۋالىدۇ. شۇنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋملىرىگە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەنلىكىگە ھەم گۇۋاھچى بولىدۇ. بۇ گۇۋاھلىق بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئاتا قىلغان شەكسىز ئىلمىگە ئاساسەن بولىدۇ. ئەمما، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ پەيغەمبەرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان دەپ ئېتىقاد قىلىش قۇرئاننىڭ ئايىتىگە خىلاپتۇر.

③ چىراغ بار يەردىن قاراڭغۇلۇق يوقالغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار يەردىن كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ قاراڭغۇلۇقى يوقالدى. كىم بۇ چىراغدىن نۇر ھاسىل قىلىپ، بەخت-سائادەتكە يېتىشنى ئىرادە قىلسا، چوقۇم يېتەلەيدۇ. چۈنكى، بۇ چىراغ قىيامەتكە قەدەر نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ بِأَنَّ لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ فَضۡلٗا كَبِيرٗا ﴿٤٧﴾ وَلَا تُطِعِ
ٱلۡكَٰفِرِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَدَعۡ أَذَىٰهُمۡ وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ
وَكِيلٗا ﴿٤٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نَكَحۡتُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ ثُمَّ
طَلَّقۡتُمُوهُنَّ مِن قَبۡلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ فَمَا لَكُمۡ عَلَيۡهِنَّ مِنۡ عِدَّةٖ
تَعۡتَدُّونَهَاۖ فَمَتِّعُوهُنَّ

*(ئى پەيغەمبەر!) مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بۈيۈك ئېھسانغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگىن [47]. كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن، ئۇلارنىڭ (ساڭا يەتكۈزگەن) ئەزىيەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن، ئاللاھ*

***(ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارغا) يېتەرلىك ھامىيدۇر [48]. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مۇئمىن ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن كۈن ساناپ ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس①، ئۇلارغا (مەلۇم مىقداردا) بىر نەرسە بېرىڭلار②،***

① نىكاھتىن كېيىن ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ بولغان ئايال تالاق قىلىنسا، ئۇ ئايال ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ (سۈرە بەقەرە 228-ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك). بۇ ئايەتتە نىكاھتىن كېيىن ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان ئايال تالاق قىلىنسا، ئىددەت تۇتمايدىغانلىقى بايان قىلىندى. يەنى ئۇ ئايال باشقا بىر كىشى بىلەن توي قىلىشنى خالىسا، ئىددەت تۇتماستىنلا ئۇنىڭغا ياتلىق بولالايدۇ. ئەمما، نىكاھتىن كېيىن بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۆت ئاي 10 كۈن ئىددەت تۇتىدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە ئىبنى كەسىر) «نىكاھقا ئېلىش» دېگەن سۆز ئەرەبچىدە جىما قىلىش يەنە توي قىلىش، خوتۇن ئېلىش، ئەمرىگە ئېلىش دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە خوتۇن ئېلىش دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، نىكاھ قىلىشتىن ئىلگىرى تالاق بولمايدۇ، دېدى. چۈنكى بۇ يەردە تالاق نىكاھتىن كېيىن تىلغا ئېلىندى. بۇ دەلىلگە ئاساسەن فەقىھ ئۆلىمالار: كىمكى مەن پالانى ئايالنى ئالسام، ئۇ تالاق بولسۇن دېسە، ئۇ ئايالنى ئالغان ھامان تالاق بولۇپ كېتىدۇ، دېدى. شۇنىڭدەك بەزىلەر: كىمكى مەن ھەر قانداق ئايال بىلەن توي قىلسام، ئۇ ئايال تالاق بولسۇن دېسە، قايسىبىر ئايال بىلەن توي قىلسا، شۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ، بۇ قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھەدىس شەرىپتە بۇ نۇقتا ئوچۇق بايان قىلىنىپ: «نىكاھتىن ئىلگىرى تالاق بولمايدۇ» دېيىلگەن. (سۈنەنى ئىبنى ماجە 2048-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە «ئىنسان ئۆزى ئىگە بولمىغان ئايالنى تالاق قىلالمايدۇ» دېيىلگەن. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2190-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 1181-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 2047-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 3-توم، 189-بەت) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى قىلىنغان تالاق ھېساب ئەمەس. ئۇ بىر بىھۇدە ئىش بولۇپ، شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

② بۇ ئايەتتىكى «بىر نەرسە بېرىشلار» دېگەن ھۆكۈم مەھرى ئالدىن بەلگىلەنگەن بولسا، مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مەھرى تەيىنلەنمىگەن بولسا، مەلۇم مىقداردا بىر نەرسە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

وَسَرِّحُوهُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا ﴿٤٩﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِنَّآ أَحۡلَلۡنَا لَكَ
أَزۡوَٰجَكَ ٱلَّٰتِيٓ ءَاتَيۡتَ أُجُورَهُنَّ وَمَا مَلَكَتۡ يَمِينُكَ مِمَّآ أَفَآءَ
ٱللَّهُ عَلَيۡكَ وَبَنَاتِ عَمِّكَ وَبَنَاتِ عَمَّٰتِكَ وَبَنَاتِ خَالِكَ وَبَنَاتِ
خَٰلَٰتِكَ ٱلَّٰتِي هَاجَرۡنَ مَعَكَ وَٱمۡرَأَةً مُّؤۡمِنَةً إِن وَهَبَتۡ نَفۡسَهَا
لِلنَّبِيِّ إِنۡ أَرَادَ ٱلنَّبِيُّ أَن يَسۡتَنكِحَهَا خَالِصَةً لَّكَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۗ

***ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار① [49]. ئى پەيغەمبەر! سەن مەھرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى②، ئاللاھ ساڭا غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئاياللاردىن ئىلكىڭگە ئۆتكەن چۆرىلەرنى③ بىز ساڭا ھالال قىلدۇق، سەن بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن④ ئاتا تەرەپ تاغا ـ ھاممىلىرىڭنىڭ قىزلىرىنى ۋە ئانا تەرەپ تاغا ـ ھاممىلىرىڭنىڭ قىزلىرىنىمۇ (ساڭا ھالال قىلدۇق). ئەگەر بىر مۇئمىن ئايال ئۆزىنى پەيغەمبەرگە (مەھرى تەلەپ قىلمايلا) تەقدىم قىلسا⑤، پەيغەمبەر ئۇنى ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۇئمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)⑥،***

① يەنى ئۇلارنىڭ ئىززىتى بىلەن ھۆرمىتىنى قىلىپ، ھېچقانداق ئازار بەرمەستىن چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار.

② بەزى شەرىئەت ئەھكاملىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خۇسۇسىي ئىمتىياز بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ ئەھكاملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاستۇر. مەسىلەن: بىر قىسىم ئۆلىمالار: تەھەججۇد نامىزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەرز ئىدى، سەدىقە ئېلىش ھارام ئىدى، دەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاس بەزى ھۆكۈملەر بار بولۇپ، بۇ يەردە نىكاھلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك

خاس ھۆكۈملەر تىلغا ئېلىنىدى. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەھرى بەرگەن ئاياللار ئۇنىڭغا ھالال قىلىنىدى، مەيلى سانى قانچە بولسا بولسۇن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەفىيە ۋە جۇۋەيرىيىيەلەرنى قۇللۇقتىن ئازات قىلىشنى ئۇلارنىڭ مەھرى قىلىپ بېكىتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبەدىن باشقا ھەممە ئاياللىرىغا ئۆزى نەق مەھرى بەرگەن ئىدى. پەقەت ئۇممۇ ھەبىبەگە پادىشاھ نەجاشى ئۆز يېنىدىن مەھرى بېرىپ ئەۋەتكەن ئىدى.

③ مەسىلەن: سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېگىشلىك بولغان خەيبەر ئولجىلىرىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئازاد قىلىپ، ئازاد قىلىشنى ئۇنىڭ مەھرى قىلىپ ھېسابلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇۋەيرىيىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىمۇ پۇل تۆلەپ، دېدەكلىكتىن ئازاد قىلىپ، ئەمرىگە ئالدى. رەيھانە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن مارىيە قىبتىيىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھالار دېدەك سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ياشىدى.

④ بۇنىڭ مەنىسى سەن ھىجرەت قىلغاندەك، مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان تاغا-ھاممىلىرىڭنىڭ قىزلىرىنى، دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، ھېچبىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلمىغان.

⑤ يەنى ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشنى خالىسا، ئۇنىڭغا مەھرى بەرمەستىن نىكاھىغا ئالسا، ئۇنىڭغا جايىزدۇر.

⑥ بۇ رۇخسەت پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بولۇپ، باشقا مۇئمىنلەرگە جايىز ئەمەس. ئۇلار چوقۇم ئاياللارغا مەھرى ھەققى بېرىش كېرەك. بولمىسا، نىكاھ جايىز بولمايدۇ.

قَدْ عَلِمْنَا مَا فَرَضْنَا عَلَيْهِمْ فِيٓ أَزْوَٰجِهِمْ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُمْ لِكَيْلَا يَكُونَ عَلَيْكَ حَرَجٌۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٥٠﴾ ۞ تُرْجِي مَن تَشَآءُ مِنْهُنَّ وَتُـْٔوِيٓ إِلَيْكَ مَن تَشَآءُۖ وَمَنِ ٱبْتَغَيْتَ مِمَّنْ عَزَلْتَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكَۚ ذَٰلِكَ أَدْنَىٰٓ أَن تَقَرَّ أَعْيُنُهُنَّ وَلَا يَحْزَنَّ

وَيَرۡضَيۡنَ بِمَآ ءَاتَيۡتَهُنَّ كُلُّهُنَّۚ

***شەكسىزكى، بىز مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق بىز پەرز قىلغان ئەھكاملارنى ئوبدان بىلىمىز①. (بۇ) سېنىڭ تەڭلىكتە قالماسلىقىڭ ئۈچۈندۇر②. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [50]. (ئى پەيغەمبەر!) ئاياللىرىڭدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنىڭ (سەن بىلەن يېتىش) نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭمۇ③، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭمۇ، سەن نۆۋىتىنى كېچىكتۈرگەن ئاياللىرىڭدىن خالىغان بىرىنى قايتىدىن تەلەپ قىلساڭمۇ ساڭا گۇناھ بولمايدۇ④. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، سېنىڭ تەقسىماتىڭغا ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر⑤.***

① يەنى بىز پەرز قىلغان نىكاھلىنىش شەرتلىرى ۋە ھەق-ھوقۇقلارنى، مەسىلەن: بىر ۋاقىتتا تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشنىڭ جايىز ئەمەسلىكى، نىكاھ قىلغاندا ۋەلىينىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش، گۇۋاھچى ھازىر قىلىش ۋە مەھرى ھەققىنى بېرىش قاتارلىقلارنى بىز ئوبدان بىلىمىز. ئەمما، دېدەكلەردىن كىم قانچىنى ساقلىسا، ھېچ گۇناھ يوق. ھازىرقى دەۋردە دېدەك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.

② بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى ﴿بىز ساڭا ھالال قىلدۇق﴾ دېگەن ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى مەزكۇر ئاياللاردىن قايسىبىرىنى ئەمرىڭگە ئالماقچى بولساڭ، تەڭلىكتە قالماسلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ساڭا ھالال قىلدۇق. گۇناھ بولۇپ قالارمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالمىغىن. چۈنكى، بىز سېنى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە قىلدۇق.

③ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن يەنە بىر ئىمتىياز بايان قىلىنىۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا نۆۋەت تەقسىم قىلىش ئىختىيارى بېرىلدى. يەنى خالىغان ئايالىغا نۆۋەت تەقسىم قىلىش، خالىمىسا تەقسىم قىلماسلىق يەنى نىكاھىدا ساقلاش، ئەمما بىر تۆشەكتە بولماسلىق، خالىغىنى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇش ئىختىيارى بېرىلدى.

④ يەنى ئۆزى نۆۋەتنى كېچىكتۈرگەن ئاياللىرى بىلەن قايتا مۇناسىۋەتنى ئۇلاش ۋە نۆۋەت بەلگىلەش رۇخسىتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلدى.

⑤ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۆز نۆۋىتى كېچىكتۈرۈلسىمۇ ۋە بىر ئايالى ئۆز نۆۋىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئايالىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ تۇرۇپمۇ، ئاڭلىق ھالدا خۇرسەن بولىدۇ. پەرىشان بولۇپ قالمايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمىگە ئېرىشسە، شۇنىڭغا قانائەت قىلىپ، خاتىرجەم ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە رۇخسىتى بىلەن قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ، خاتىرجەم تۇرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى نەقىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ قەدەر ئىختىيار ۋە ئىمتىياز بېرىلگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىشلەتمىگەن. ئۇ ئاياللىرىدىن ھەر بىرىگە نۆۋەت بەلگىلىگەن ئىدى. پەقەت سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا (ئۇ ئۆزى نۆۋىتىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئىدى) ھەممە ئاياللىرىنى ئۆز نۆۋىتىدە يوقلاپ تۇراتتى ۋە باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى كېسەل بولۇپ قالغاندا باشقا ئاياللىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ، قالغان كۈنلىرىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدى. ﴿بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا... ئەڭ يېقىندۇر﴾ دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئامىلە ئۇسلۇبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. گەرچە نۆۋەت تەقسىم قىلىش (باشقىلارغا ۋاجىپ بولغاندەك) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاجىپ بولمىسىمۇ، ئاياللىرى خۇشال بولسۇن، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇن، توغرا مۇئامىلە ۋە ئادىل تەقسىماتتىن رازىمەنلىك ھېس قىلسۇن دەپ، ئۆزىگە بېرىلگەن ئالاھىدە ئىمتىيازنى ئىشلىتىشتىن بەكرەك ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.

وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا فِي قُلُوبِكُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَلِيمٗا ﴿٥١﴾ لَّا يَحِلُّ لَكَ
ٱلنِّسَآءُ مِنۢ بَعۡدُ وَلَآ أَن تَبَدَّلَ بِهِنَّ مِنۡ أَزۡوَٰجٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَكَ
حُسۡنُهُنَّ إِلَّا مَا مَلَكَتۡ يَمِينُكَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ رَّقِيبٗا ﴿٥٢﴾

***ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ①، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر) [51]. (ئى پەيغەمبەر!) بۇنىڭدىن كېيىن (ئىلكىڭدىكى ئاياللىرىڭدىن باشقا) يەنە خوتۇن ئېلىشىڭ ۋە باشقا ئاياللارنىڭ ھۆسنى-جامالى سېنى قىزىقتۇرغان تەقدىردىمۇ، بۇلارنى يەڭگۈشلىشىڭ ساڭا ھالال بولمايدۇ②. پەقەت قول ئاستىڭدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا③. ئاللاھ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر [52].***

① يەنى سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكى ھەممە ئاياللىرىڭلارغا تۇتقان مۇھەببەتنىڭ باراۋەر ئەمەسلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، دىلنىڭ مايىللىقىنى كونترول قىلىش ئىنساننىڭ ئىلكىدە ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ئاياللار ئارىسىدا نۆۋەت بەلگىلەش، يېمەك-ئىچمەك، نەپىقە بېرىش ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئىنسان قىلالايدۇ. دىلنىڭ مايىللىقىنى باشقۇرۇش ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى جازالىمايدۇ. شەرتى شۇكى، دىلنىڭ مايىللىقى مۇئامىلىدە ئالاھىدە پەرقلىق بولۇشقا ئېلىپ بارمىسىلا. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! بۇ مېنىڭ مەن ئىگە بولغان نەرسىدە تەقسىم قىلغانلىرىم، سەن ئىگە بولغان، مەن ئىگە بولالمىغان نەرسىدە ماڭا مالامەت قىلمىغىن» (سۈنەنى تىرمىزى 1140-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2134-ھەدىس، سۈنەنى نەسائى 3395-ھەدىس ۋە سۈنەنى ئىبنى ماجە 1971-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 6-توم، 144-بەت)

② پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا تاللاش ئىختىيارى بېرىلگەن ئايەت چۈشكەندە، ئۇلار دۇنيانىڭ راھەت-پاراغىتى بەدىلىگە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشاشنى تاللىغان ئىدى. ئۇنىڭ بەدىلىگە، ئۇلارنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئاياللاردىن باشقا خوتۇن ئېلىشنى (ئۇلارنىڭ سانى شۇ ۋاقىتتا توققۇز ئىدى) ياكى ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنى تالاق قىلىپ، ئورنىغا باشقا ئايال بىلەن نىكاھلىنىشنى ھارام قىلدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا باشقا خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى.

لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئاياللىرىغا قىلغان ياخشىلىقى بولۇپ قالسۇن دەپ، شۇنىڭدىن كېيىن باشقا خوتۇن ئالمىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ يەنى چۆرىلەرنى ساقلاش ياكى ئالماشتۇرۇشتا چەكلىمە يوق. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئومۇمىي ھۆكۈمنى دەلىل كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاپىر دىنىدىكى ئالسىمۇ رۇخسەت بېرىلگەن ئىدى، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ نەقىل قىلىشىچە، سۈرە مۇمتەھىنە 10-ئايەتتىكى ﴿كاپىر ئايالالارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار﴾ دېگەن چەكلىمىگە ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بولمىغان چۆرىلەرنى ئېلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن. (فەتھۇلقەدىر)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتَ ٱلنَّبِيِّ إِلَّآ أَن يُؤۡذَنَ لَكُمۡ إِلَىٰ طَعَامٍ غَيۡرَ نَٰظِرِينَ إِنَىٰهُ وَلَٰكِنۡ إِذَا دُعِيتُمۡ فَٱدۡخُلُواْ فَإِذَا طَعِمۡتُمۡ فَٱنتَشِرُواْ وَلَا مُسۡتَـٔۡنِسِينَ لِحَدِيثٍۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ يُؤۡذِي ٱلنَّبِيَّ فَيَسۡتَحۡيِۦ مِنكُمۡۖ وَٱللَّهُ لَا يَسۡتَحۡيِۦ مِنَ ٱلۡحَقِّۚ وَإِذَا سَأَلۡتُمُوهُنَّ مَتَٰعٗا فَسۡـَٔلُوهُنَّ مِن وَرَآءِ حِجَابٖۚ ذَٰلِكُمۡ أَطۡهَرُ لِقُلُوبِكُمۡ وَقُلُوبِهِنَّۚ

ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەقەت تاماققا چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت سوراپ كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار-يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىنلا تارقىلىپ كېتىڭلار، (تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىپ ئولتۇرماڭلار، بۇنداق قىلىش پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، ئاللاھ ھەقنى ئېيتىشتىن تارتىنمايدۇ① . سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراپ ئېلىڭلار② ، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ③ .

① بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى مۇنداق ئىدى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەنگەن چاغدا، ساھابىلەرنى توي زىياپىتىگە چاقىردى. بەزىلەر تاماقتىن كېيىن گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچى بىر ئاز سىقىلدى. ھايا قىلىپ مېھمانلارنى تۇرۇپ كېتىشكە ئەمر قىلمىدى (سەھىھۇل بۇخارى 4791-ھەدىس (بۇ ئايەتتە مېھماندارچىلىقنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى بايان قىلىندى. بىرىنچىسى: تاماق تەييار بولغاندا بېرىش، بەك بۇرۇن بېرىپ ئولتۇرۇۋالماسلىق. ئىككىنچىسى: تاماقتىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىش، پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇۋالماسلىق. تاماقنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىدىن بولغان، بولمىسا، ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: قاچان سىلەر بىراۋنىڭ ئۆيىگە مەيلى تاماققا ياكى باشقا ئىشقا تەكلىپ قىلىنساڭلار، رۇخسەت قىلىنماستىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرمەڭلار.

② بۇ ھۆكۈم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خاھىشىغا ماس ھالدا نازىل بولغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سېنىڭ يېنىڭغا ياخشى-يامان ھەرخىل ئادەملەر كىرىدۇ، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنى (يەنى ئاياللىرىڭنى) ھىجابلىنىشقا بۇيرۇغان بولساڭ، ياخشى بولاتتى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ يوليۇرۇقنى نازىل قىلدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4790-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2399-ھەدىس)

③ بۇ ئايەتتە پەردە بىلەن ھىجابنىڭ ھېكمىتى ۋە سەۋەبى بايان قىلىندى. پەردە ۋە ھىجاب بولغاندا ئەر ۋە ئايال ھەر ئىككىسى دىللىرىدا شەك پەيدا بولۇپ قېلىش ۋە پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

وَمَا كَانَ لَكُمْ أَن تُؤْذُواْ رَسُولَ ٱللَّهِ وَلَآ أَن تَنكِحُوٓاْ أَزْوَٰجَهُۥ مِنۢ
بَعْدِهِۦٓ أَبَدًاۚ إِنَّ ذَٰلِكُمْ كَانَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمًا ﴿٥٣﴾ إِن تُبْدُواْ شَيْـًٔا أَوْ
تُخْفُوهُ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٥٤﴾ لَّا جُنَاحَ عَلَيْهِنَّ فِىٓ
ءَابَآئِهِنَّ وَلَآ أَبْنَآئِهِنَّ وَلَآ إِخْوَٰنِهِنَّ وَلَآ أَبْنَآءِ إِخْوَٰنِهِنَّ وَلَآ أَبْنَآءِ
أَخَوَٰتِهِنَّ وَلَا نِسَآئِهِنَّ وَلَا مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُنَّۗ وَٱتَّقِينَ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ

كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدًا ﴿٥٥﴾

***سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس①، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس. بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر② [53]. سىلەر بىرەر نەرسىنى ئاشكارىلىساڭلارمۇ، يا يوشۇرساڭلارمۇ (بەرىبىردۇر)، چۈنكى ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [54]. ئۇلارغا (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىغا) ئاتىلىرى بىلەن، ئوغۇللىرى بىلەن، قېرىنداشلىرى بىلەن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن، مۇئمىن ئاياللار بىلەن، قول ـ چۆرىلىرى بىلەن (پەردىسىز) كۆرۈشۈشتە ھېچبىر گۇناھ يوق③، (ئى ئاياللار!) ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاللاھ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىدىن سادىر بولىدىغان) ھەربىر ئىشقا گۇۋاھ بولۇپ تۇرغۇچىدۇر④ [55].***

① قايسى جەھەتتىن بولسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار بېرىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرىش، ئۇ ياقتۇرمىسىمۇ ئۆيدە پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇۋېلىش، ئۇنىڭ پاك ئاياللىرى بىلەن پەردىسىز سۆزلىشىش قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭغا ئازار بېرىشكە سەۋەب بولىدۇ. شۇلاردىنمۇ ساقلىنىڭلار.

② بۇ ھۆكۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولىدىغان چاغدا ئۇنىڭ ئەمرىدە بار ئاياللىرى ھەققىدە چۈشكەن. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۆشەكتە بولغاندىن كېيىن ھايات ۋاقتىدا تالاق قىلغان ئايال بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرەمدۇ ياكى كىرمەمدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىككى خىل قاراش بار بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار ئۇمۇ بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ، بەزىلەر ئۇنداق قارىمايدۇ. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا تالاق قىلغان ھېچبىر ئايال يوق. شۇڭا، بۇ بىر پەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلغان ئايالنى باشقا بىر كىشى نىكاھىغا ئالسا،

بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ھېچ ئىختىلاپ يوق. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى ھەققىدە ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۆيدىكى يېقىن تۇغقانلار ياكى ھەر ۋاقىت كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان تۇغقانلاردىنمۇ ھىجابلىنامدۇ ياكى ھىجابلانمامدۇ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولغان ئىدى. بۇ ئايەتتە ھىجابلانمىسىمۇ بولىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلار تىلغا ئېلىندى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە نۇرنىڭ 31-ئايىتىدىكى ﴿زىننەتلىرىنى...كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن﴾ دېگەن يوليۇرۇقتا بايان قىلىندى.

④ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاياللارنى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە تەقۋادار بولۇشقا ئەمر قىلىش ئارقىلىق شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، ئەگەر سىلەرنىڭ دىلىڭلاردا ئاللاھتىن قورقۇش بولسا، نەزەرنى تۆۋەن قىلىش، قەلبنى پاك تۇتۇش، ئىپپەتنى ساقلاشتىن ئىبارەت ھىجابنىڭ ئەسلىي مەقسىتىگە يەتكەن ۋە ئۇنى ئىجرا قىلغان بولىسىلەر. بولمىسا، تاشقى كۆرۈنۈشتە ھىجابلىنىپ قويۇش سىلەرنى گۇناھقا پېتىپ كېتىشتىن ساقلىيالمايدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَٰٓئِكَتَهُۥ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِيِّۚ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ صَلُّواْ عَلَيۡهِ وَسَلِّمُواْ تَسۡلِيمًا ٥٦

***شەكسىزكى، ئاللاھ پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭ ئۈچۈن) مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ ئۇنىڭغا دۇرۇد ۋە سالام يوللاپ تۇرۇڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)① [56].***

① بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستۈنكى ئالەم (ئاسمان)دىكى دەرىجىسى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئايان بولىدى. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرىشتىلەرگە ماختاپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا رەھمەت يوللايدۇ. پەرىشتىلەرمۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۈستۈن بولىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئاستىنقى ئالەم (زېمىن ئەھلى)نى، ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئالەملەردە ئۇنى بىرلىكتە مەدھىيلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سالام ۋە دۇرۇد يوللاپ تۇرۇشقا ئەمر قىلىدۇ. سالام ۋە دۇرۇد يوللاشنىڭ ئۇسۇلى سەھىھ ھەدىسلەردە مۇنداق كۆرسىتىلدى، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا سالام يوللاشنى ھەقىقەتەن بىلدۇق (يەنى بىز نامازدا «تەشەھھۇدتا» ئولتۇرغاندا يەنى ئەتتەھىيياتۇدا " اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ " دەيمىز)، ئەمدى دۇرۇدنى قانداق ئېيتىمىز! دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن، دەڭلار» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4797-ھەدىس) بۇ بىز نامازلىرىمىزدا ئوقۇيدىغان دۇرۇدنىڭ دەل ئۆزىدۇر. باشقا ھەدىسلەردە دۇرۇدنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىبارىلىرى ھەم بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى ئوقۇشمۇ جايىزدۇر. شۇنداقلا ئۇنى قىسقارتىپ " صَلَّى اللهُ عَلَى رَسُوْلِ اللهِ وَسَلَّمْ " دېيىش، ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا " صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ " دەپ ئوقۇشمۇ جايىز، ئەمما دۇرۇدنى ئۆزگەرتىپ قىسقىچە: " اَلصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ عَلَيْكَ يَا رَسُوْلَ اللهِ " دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە خىتاب قىلغانلىق بولىدۇ، ھەم بۇ ئىبارە ھەدىسلەردىن نەقىل قىلىنغان ئەمەس. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، بىز نامازدا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ئوقۇيدىغان "ئەتتەھىيياتۇ"دىكى " اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ " دېگەن ئىبارە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن نەقىل قىلىنغان. (سەھىھۇل بۇخارى 3426-ھەدىس) شۇڭا ئۇنى مۇشۇ ۋاقىتتا ئوقۇش جايىزدۇر. ئەمما ئۇنى شۇ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئوقۇيدىغانلار: مۇشۇنداق ئوقۇساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالىمىمىزنى بىۋاستە ئاڭلايدۇ، دېگەن خاتا ئېتىقاد بىلەن ئوقۇيدۇ. بۇ خاتا ئېتىقاد قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا خىلابتۇر. ئەنە شۇنداق ئېتىقاد بىلەن مەزكۇر دۇرۇدنى ئوقۇشمۇ توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنى مۇئەززىنىنىڭ ئەزاندىن ئىلگىرى ئوقۇشمۇ

بىدئەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ، بەلكى گۇناھ بولىدۇ. ھەدىسلەردە دۇرۇد ئېيتىشنىڭ كۆپ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ وَأَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا مُّهِينًا ﴿٥٧﴾

***شەكسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار) نى ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ① [57].***

① ئاللاھ تائالانى رەنجىتىش دېگەن ئۇ ياقتۇرمايدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بولمىسا، كىم ئاللاھ تائالانى رەنجىتىشكە قادىر بولالىسۇن؟ مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئاللاھقا بالا مەنسۇپ قىلغانلىقىمۇ ئۇنى رەنجىتكەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى رەنجىتىشنىڭ بىر شەكلى ھەدىس قۇددىسىيدا مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەۋلادى مېنى رەنجىتىدۇ، ئۇ زامانىنى تىللايدۇ، مەن زاماندۇرمەن، زاماننىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزى مېنىڭ ئەمرىم بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4826-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2246-ھەدىس) يەنى يامان زامان بولدى دېيىش ياكى شۇم پەلەك، ۋاپاسىز پەلەك، پەلەكنىڭ كاجلىقىدىن مۇنداق بولدى، دېيىشمۇ توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. زامان ياكى پەلەك ئەمەس. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىش دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش، ئۇنى شائىر، كاززاپ، سېھرگەر دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاتاشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بەزى ھەدىسلەردە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى رەنجىتىش، كەمسىتىش، ئۇلارغا ھاقارەت قىلىش قاتارلىقلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتكەنلىك ھېسابلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. لەنەتنىڭ مەنىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىش دېمەكتۇر.

وَٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ بِغَيْرِ مَا ٱكْتَسَبُوا۟ فَقَدِ
ٱحْتَمَلُوا۟ بُهْتَٰنًا وَإِثْمًا مُّبِينًا ﴿٥٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ قُل لِّأَزْوَٰجِكَ
وَبَنَاتِكَ وَنِسَآءِ ٱلْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِن جَلَٰبِيبِهِنَّ ۚ

***مۆئمىن ئەرلەرگە ۋە مۆئمىن ئاياللارغا قىلمىغان ئىشلارنى چاپلاپ ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلار چوڭ بىر بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ① [58]. ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، (سىرتقا چىققاندا) پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن② ،***

① يەنى مۆئمىنلەرنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا بوھتان چاپلاش، مەرتىۋىسىنى تۆۋەن كۆرسىتىش، ئىززىتىنى چۈشۈرۈش قاتارلىقلار ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىندۇر. مەسىلەن: بۇ گۇناھنى سادىر قىلىدىغانلار ئاساسەن راپىزىلار پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار ساھابىلارغا تىل تەگكۈزىدۇ. ساھابىلەر قىلىپ باقمىغان خاتالىقلار بىلەن ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: راپىزىلار ئەمەلىيەتتە دىللىرىغا پەسكەشلىك سىڭىپ كەتكەن كىشىلەردۇر. مەدھىيەلەنگەن كىشىلەرنى ئەيىبلەيدۇ. ئەيىبلەنگەن كىشىلەرنى مەدھىيەلەيدۇ.

② ﴿جَلَابِيبِ﴾ «جِلْبَابٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، باش ۋە گەۋدىنى يەنى پۈتۈن بەدەننى يۆگەيدىغان يوغان پۈركەنجىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەننىڭ مەنىسى پۈركەنجىنى يۈزنىڭ كۆپ قىسمى يۆگەلگىدەك ئارتىپ، يولنى كۆرگىدەك دەرىجىدە كۆزنى ئوچۇق قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. پاكىستان، ھىندىستان ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ھەر خىل شەكىلدىكى پۈركەنجىلەر مەۋجۇت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بۇنداق ھەر خىل پۈركەنجىلەر ئومۇملاشمىغان ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەر زامانىدىكى ئاددىي-ساددىلىق قالمىدى. ئۇ دەۋرلەردە ئاياللار ناھايىتى ئاددىي-ساددا كىيىملەرنى كىيەتتى. ئۇلاردا ياسىنىپ سىرتقا چىقىش ۋە زىبۇزىننەتلىرىنى ئىزھار قىلىش خاھىشى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مۇسۇلمان ئاياللار بىر چوڭ پۈركەنجە بىلەنلا

بەدىنىنى ئوراپ، ھىجابلىناتتى. لېكىن كېيىنكى زامانلاردا ئاددىي-ساددىلىق يوقالدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ياسانچۇقلۇق ۋە زىننەتلەنمەك ئىگىللىدى. ئاياللاردا ئېسىل كىيىملىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان ئىشلار ئومۇملىشىپ كەتتى. شۇ ۋەجىدىن بىر چوڭ پۇركەنجە بىلەن ھىجابلىنىش ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ھازىرقى ھەر خىل شەكىلدىكى چۇمبەل ۋە ئابايىلەر ئېگىلىدى. پۇركەنجە يۆگىگەن ئايال بەزىدە خۇسۇسەن ھاۋا ئىسسىق ۋاقىتلاردا ئازراق قىينالسىمۇ، شەرىئەت كۆرسەتكەن تەلەپكە ئۇيغۇن ھىجابلانغان بولىدۇ. ئازراق قىيىنچىلىق تارتىش شەرىئەتنىڭ ھۆرمىتى ئالدىدا ھېچقانچە نەرسە ئەمەس. دېمەك ئايال كىشى ھىجابلىنىش ئۈچۈن چۇمبەلنىڭ ئورنىغا بىر چوڭ پۇركەنجە ئارتسا، پۈتۈن بەدىنىنى ئورىيالايدۇ، يۈزىنىمۇ توغرا شەكىلدە يۆگىيەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھىجاب ئەمرىگە تولۇق ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى، قىزلىرى ۋە ئومۇمىي مۆئمىن ئاياللار سىرتقا چىققاندا ھىجابلىنىشقا ئەمر قىلىندى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھىجابلىنىش، بەزىلەر دەۋا قىلغاندەك رىئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئۆلىمالار ئۆزلىرى ئىجاد قىلىۋالغان نەرسە ئەمەس، بەلكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى-پەرمانىدۇر. ئۇنىڭ ھۆكمى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتى بىلەن ئىسپاتلانغان. ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش، ئۇنى ئىنكار قىلىش، ھىجابلانماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىش كۇفرىلىققا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. بۇ ئايەتتىن يەنە بىر مەسىلە ئايان بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، راپىزىلار پىرقىسى دەۋا قىلغاندەك بىرلا قىزى يوق، بەلكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتىگە ئاساسەن بىردىن ئارتۇق قىزلىرى بار ئىدى. تارىخ، تەرجىمىھال ۋە ھەدىس كىتابلىرىدا بايان قىلىنىشىچە ئۇنىڭ تۆت قىزى بار ئىدى.

ذَٰلِكَ أَدْنَىٰٓ أَن يُعْرَفْنَ فَلَا يُؤْذَيْنَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٥٩﴾ ۞
لَّئِن لَّمْ يَنتَهِ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ وَٱلْمُرْجِفُونَ فِى
ٱلْمَدِينَةِ لَنُغْرِيَنَّكَ بِهِمْ ثُمَّ لَا يُجَاوِرُونَكَ فِيهَآ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٦٠﴾
مَّلْعُونِينَ ۖ أَيْنَمَا ثُقِفُوٓا۟ أُخِذُوا۟ وَقُتِّلُوا۟ تَقْتِيلًا ﴿٦١﴾ سُنَّةَ ٱللَّهِ فِى ٱلَّذِينَ

خَلَوۡاْ مِن قَبۡلُۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗا ﴿٦٢﴾ يَسۡـَٔلُكَ ٱلنَّاسُ
عَنِ ٱلسَّاعَةِۖ قُلۡ إِنَّمَا عِلۡمُهَا عِندَ ٱللَّهِۚ وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ
تَكُونُ قَرِيبًا ﴿٦٣﴾

*بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (تەقۋادار ئاياللار ئىكەنلىكى) ئوڭايلا تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ①. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [59]. ئەگەر مۇناپىقلار، دىللىرىدا (شەك) كېسىلى بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار② (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، بىز سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار ئازغىنە مۇددەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدىنىدە سەن بىلەن تۇرالمايدۇ، لەنەت قىلىنغان ھالدا (مەدىنىدىن چىقىرىلىدۇ)، قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ③ [61 ـ 60]. (بۇ) ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى (ئۈممەت)لەر ئىچىدە (يۈرگۈزۈپ كەلگەن) قانۇنىدۇر، ئاللاھنىڭ قانۇنىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن [62]. (ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەر سەندىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورايدۇ. «ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ئاللاھقىلا خاستۇر» دېگىن. سەن نەدىن بىلىسەن؟ بەلكىم قىيامەت يېقىن بولۇشى مۇمكىن [63].*

① بۇ يەردە ھىجابلىنىشنىڭ ھېكمىتى ۋە ئۇنىڭ پايدىسى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ھىجابلانغان ئايالنىڭ ئىپپەتلىك، ھايالىق، شەرەپلىك ئايال ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ھىجابى بىلەن ھاياسىز ۋە پاھىشە ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ھىجابلىق ئايالنىڭ بىر پەرھىزكار ئائىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ-دە ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەكسىچە ھىجابسىز سىرتقا چىققان ئايال يامان كۆزلەر ۋە ئاچكۆز نەزەرلەرنىڭ نىشانى بولۇپ قالىدۇ.

② مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرىتى ۋە ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇناپىقلار تىللىرىنى ئۇزۇن قىلىپ، ھەرخىل ئىغۋالارنى تارقىتاتتى. مەسىلەن: مۇسۇلمانلار پالانى جايدا مەغلۇپ بولۇپتۇ، زور دۈشمەن قوشۇنى كېلىۋېتىپتۇ، مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىدىكەن، دېگەندەك

سۆزلەرنى پەيدا قىلاتتى.

③ بۇ ئۇلارنى تۇتۇپ، ئۆلتۈرۈشكە بېرىلگەن بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى بەتدۇئا ئىبارىسى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئەگەر ئۇلار نىفاق ۋە ئىغۋاگەرچىلىكتىن يانمىسا، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى باشقىلارغا ئىبرەت بولغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسەت قىلىنغان. بەزى ئۆلىمالار بۇنى بۇيرۇق دەپ قارايدۇ. لېكىن، مۇناپىقلار بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن قىلمىشلىرىدىن يانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قارشى ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك بۇيرۇق ئىجرا قىلىنمىغان. (فەتھۇلقەدىر)

إِنَّ ٱللَّهَ لَعَنَ ٱلْكَٰفِرِينَ وَأَعَدَّ لَهُمْ سَعِيرًا ﴿٦٤﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًاۖ
لَّا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿٦٥﴾ يَوْمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمْ فِى ٱلنَّارِ
يَقُولُونَ يَٰلَيْتَنَآ أَطَعْنَا ٱللَّهَ وَأَطَعْنَا ٱلرَّسُولَا۠ ﴿٦٦﴾ وَقَالُواْ رَبَّنَآ إِنَّآ
أَطَعْنَا سَادَتَنَا وَكُبَرَآءَنَا فَأَضَلُّونَا ٱلسَّبِيلَا۠ ﴿٦٧﴾ رَبَّنَآ ءَاتِهِمْ ضِعْفَيْنِ
مِنَ ٱلْعَذَابِ وَٱلْعَنْهُمْ لَعْنًا كَبِيرًا ﴿٦٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا
تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ ءَاذَوْاْ مُوسَىٰ فَبَرَّأَهُ ٱللَّهُ مِمَّا قَالُواْۚ وَكَانَ عِندَ ٱللَّهِ
وَجِيهًا ﴿٦٩﴾

***شۇ ئىنىقكى، ئاللاھ كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى [64]. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار (ئۆزلىرىگە) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى تاپالمايدۇ [65]. دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قورۇلۇپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دېيىشىپ كېتىدۇ [66]. ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، چوڭلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى يولدىن چىقاردى①، ئى رەببىمىز! ئۇلارغا ئىككى ھەسسە ئازاب بەرگىن ۋە ئۇلارنى رەھمىتىڭدىن تامامەن يىراق قىلغىن» دەيدۇ [67 ـ 68]. ئى ئىمان***

*ئېيتقانلار! سىلەر مۇساغا ئازار بەرگەنلەردەك بولماڭلار، ئاللاھ مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى②، مۇسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى [69].*

① يەنى بىز سىنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭگە ۋە ھەقكە دەۋەت قىلغۇچىلارغا ئەگەشمەي باشلىقلىرىمىزغا ۋە كاتتىلىرىمىزغا ئەگىشىپتۇق، بۇگۈن مەلۇم بولدىكى، ئۇلار بىزنى سىنىڭ پەيغەمبىرىڭدىن يىراق تۇتۇپ، سىنىڭ يولۇڭدىن ئازدۇرغان ئىكەن.ئاتا-بوۋىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش، دىنسىزلارنى دوراش بۈگۈنمۇ كىشىلەرنىڭ گۇمراھ بولۇشىغا سەۋەب بولماقتا. كاشكى مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ كالامىنى ئوقۇپ تەپەككۇر قىلغان بولسا، جاھالەت ۋە گۇمراھلىقتىن قايتىپ، قۇرئان ۋە ھەدىس كۆرسەتكەن توغرا يولغا يۈزلەنگەن بولسا، نىجاتلىقنىڭ ماشايىخلارنى، كاتتىلارنى دوراش، ئاتا-بوۋىلارنىڭ خۇراپىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئەمەس، پەقەت ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ يولىغا ئەگىشىشتە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ھە!

② بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «مۇسا ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ھايالىق ئادەم ئىدى. ھايا قىلغانلىقى ئۈچۈن بەدىنىنىڭ ھېچ يېرىنى ئوچۇق قالدۇرمايتتى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئۇنىڭغا ئازار بەرگەنلەر بولدى. ئۇلار: ئۇ بەدىنىدە بىرەر ئەيىب بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق پۈتۈن كىيىنىدۇ. ئۇ ئاق كېسەل ياكى دېگىلى بولمايدىغان بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولغان، دېيىشتى. غالىب ۋە بۈيۈك ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇنى ئاقلاشنى ئىرادە قىلدى. بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى يالغۇز خىلۋەت بىر جايغا بېرىپ، كىيىمىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە سېلىپ قويۇپ يۇيۇندى. ئۇ يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، كىيىمىنى ئېلىش ئۈچۈن تاش تەرەپكە ماڭدى. تاش (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ قاچتى. مۇسا ھاسىسىنى ئېلىپ تاشنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، تۇيماستىن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىر توپ كىشىلىرى ئىچىگە كىرىپ قالدى. ئۇلار ئۇنى ئاللاھ تائالا ياراتقان ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە قىيپالىڭاچ كۆردى. (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ جىسمىدە ھېچقانداق ئەيىب يوقلىقىنى بىلدى) شۇ تەرىقىدە ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئاقلىدى. (سەھىھۇل بۇخارى

3404-ھەدىس) ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق مۆئمىنلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتىدۇ. سىلەر بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئازار بەرگەندەك ئازار بەرمەڭلار، ئۇنىڭ ھەققىدە يامان سۆزلەرنى قىلماڭلار، ئۇنى رەنجىتىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىڭلار. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلغان ئىدى. ئەنسارلاردىن بىر ئادەم: بۇ تەقسىمات ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولمىدى، دېدى. مەن: ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! ئېيتقان سۆزۈڭنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چوقۇم خەۋەر قىلىمەن، دېدىم. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى (غەزەپتىن) قىزىرىپ كەتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئاللاھ مۇساغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن جىق ئازار يېگەن تۇرۇپمۇ، سەۋر قىلغان ئىدى» (سەھىھۇل بۇخارى 3150-ھەدىس ، مۇسلىم 1062-ھەدىس)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَقُولُواْ قَوْلًا سَدِيدًا ﴿٧٠﴾ يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَٰلَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْۗ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا ﴿٧١﴾ إِنَّا عَرَضْنَا ٱلْأَمَانَةَ عَلَى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱلْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا ٱلْإِنسَٰنُۖ إِنَّهُۥ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا ﴿٧٢﴾ لِّيُعَذِّبَ ٱللَّهُ ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلْمُشْرِكِينَ وَٱلْمُشْرِكَٰتِ وَيَتُوبَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٧٣﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار① [70]. (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ) ۋە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ② . كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ، ئۇ زور مۇۋەپپەقىيەت***

***قازانغان بولىدۇ [71]. شۈبھىسىزكى، بىز (دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت) ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتتى، ئۇنىڭ (مەسئۇلىيىتى) دىن قورقتى. ئىنسان بولسا ئۇنى ئۈستىگە ئالدى③، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر ۋە بەكمۇ ناداندۇر④ [72]. ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش، مۇئمىن ئەرلەرنىڭ ۋە مۇئمىن ئاياللارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن (مەزكۇر ئامانەتنى ئىنساننىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى)⑤، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [73].***

① يەنى تەنە ئارىلاشمىغان، يالغان ئارىلاشمىغان، كىشىلەرنى ئالدىمايدىغان توغرا ۋە ھەق گەپنى قىلىڭلار. ﴿سَدِيْد﴾ توغرا، مۇۋاپىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن سۆز. "تَسْدِيْدُ السَّهْمِ" ئوقنىڭ توغرا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى نىشانغا دەل تېگىشى ئۈچۈن ئوق توغرا قىلىنغاندەك، سىلەرنىڭ تىلىڭلاردىن چىققان سۆزمۇ توغرا ۋە راست بولسۇن، سۆزۈڭلار بىلەن ئەمەلىيىتىڭلار بىردەك سەممىي بولسۇن، ھەقىقەتتىن ۋە راستچىللىقتىن قىلچە بۇرۇلۇپ كەتمىسۇن.

② ئاللاھتىن قورقۇش ۋە توغرا سۆز قىلىشنىڭ نەتىجىسى شۇكى، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار تۈزىلىدۇ ۋە ياخشىلىنىدۇ. تېخىمۇ كۆپ نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە نائىل بولىسىلەر. ئارىدا كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىك بولۇپ قالسا، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

③ ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە ئىتائەت قىلغانلارغا ساۋاب ۋە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى، بويسۇنمىغانلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەمدى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئايەتتىكى ئامانەتتىن ئادا قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، ئادا قىلمىسا جازالىنىدىغان شەرىئەت ئەھكاملىرى، پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەزكۇر شەرىئەت ئەھكاملىرى ئىنسانغا بېرىلىشتىن ئىلگىرى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلەنگەن ئىدى، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقتى. ئاندىن ئىنسانغا تەڭلەنگەندە، ئۇ بەدىلىگە

بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە پەزىلەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشقا ماقۇل بولدى. شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بۇ يەردە ئامانەت دەپ ئاتىلىشى خۇددى ئامانەتنى ئادا قىلىش زۆرۈر بولغاندەك ئۇنى ئادا قىلىشنىڭ ئىنسانلار ئۈستىگە پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى بۇ يەردىكى ”تەڭلەش“ قانداق بولغان؟ ئاسمان، زېمىن ۋە تاغلار ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەرگەن؟ ئىنسان ئۇنى قاچان قوبۇل قىلغان؟ بۇنىڭ جەريانىنى ۋە قانداق بولغانلىقىنى بىز بىلەلمەيمىز، نە ئۇنى بايان قىلىپ بېرەلمەيمىز. ئەمما شۇنىڭغا جەزمەن ئىشىنىمىزكى، ئاللاھ تائالا ھەر بىر مەخلۇقتا ئۆزىگە خاس بىر خىل ھېس-تۇيغۇنى ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىز بىلمەيمىز. لېكىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ ئامانەتنى تەڭلىگەن، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇنىماسلىقى بويسۇنماسلىق ۋە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئەمەس بەلكى بۇ ئامانەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالسا، قاتتىق جازاغا لايىق بولۇپ قېلىشتىن قورققانلىقتىن بولغان. ئىنسان ئالدىراڭغۇ بولغانلىقتىن جازالىنىش تەرەپلىرىنى ئويلىماستىنلا مۇكاپاتقا ئېرىشىشكە بولغان ھېرىسمەنلىك يۈزىسىدىن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان.

④ يەنى ئىنسان ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىش ۋە بۇ مەسئۇلىيەت تەقەززا قىلغان تەلەپلەردىن يۈز ئۆرۈش بىلەن ياكى ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشەنمەسلىك بىلەن نادانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

⑤ بۇ ئايەت ﴿ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى﴾ دېگەن ئىبارە بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنى ئىنسانغا بۇ ئامانەتنى يۈكلەشتىن مەقسەت مۇناپىقلارنىڭ خىيانىتى، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك ئېتىقادى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى ئاشكارا قىلىش، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنى مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ئۈچۈندۇر.

# سۈرە سەبە

| (٣٤) سورة سبا مكية ٥٤ آية | (34) سۈرە سەبە مەككىدە چۈشكەن 54 ئايەت |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُ فِي
ٱلۡأٓخِرَةِۚ وَهُوَ ٱلۡحَكِيمُ ٱلۡخَبِيرُ ١ يَعۡلَمُ مَا يَلِجُ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا
يَخۡرُجُ مِنۡهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا يَعۡرُجُ فِيهَاۚ وَهُوَ ٱلرَّحِيمُ
ٱلۡغَفُورُ ٢ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَأۡتِينَا ٱلسَّاعَةُۖ قُلۡ بَلَىٰ وَرَبِّي
لَتَأۡتِيَنَّكُمۡ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِۖ لَا يَعۡزُبُ عَنۡهُ مِثۡقَالُ ذَرَّةٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِ

***جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا خاستۇر① . ئاخىرەتتىكى ھەمدۇسانامۇ ئاللاھقا خاستۇر② . ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [1]. ئاللاھ زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى③ ، زېمىندىن چىقىدىغان (ئۆسۈملۈك، بۇلاق ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرى قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى④ ۋە ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى⑤***

*بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مېھرىباندۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [2]. (ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان) كاپىرلار: «بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇنداق ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ⑥. ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىلمىدىن يىراق ئەمەستۇر⑦،*

① يەنى بارلىق نەرسىلەر پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر. بارلىق نەرسىلەردە پەقەت ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكمى ئىجرا بولىدۇ. ئىنسان ئېرىشكەن ھەر قانداق نېمەتمۇ ئاللاھنىڭ ئېھسانى ۋە ياراتقىنىدىن كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەر قانداق نەرسە مەدھىيەلەنسە، بۇ مەدھىيە ئەسلىدە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ بولىدۇ. چۈنكى، مەدھىيەلىنىشكە لايىق ھەر قانداق نېمەتنى بەرگۈچى ۋە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادۇر.

② بۇ مەدھىيەنى قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەر ئوقۇيدۇ. خۇددى بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك: ﴿ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ: «جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى »﴾. (سۈرە زۇمەر 74-ئايەت) ﴿جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا) يېتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇنكى، ئاللاھ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق﴾. (سۈرە ئەئراف 43-ئايەت) ﴿جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم - قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاھقا مەنسۇپتۇر!﴾. (سۈرە فاتىر 34-ئايەت) دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش ئىنسانلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىبادەتتۇر. ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرنىڭ روھى ئوزۇقى ھەمدۇسانا بولىدۇ، مۇئمىنلەر جەننەتتە ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتىن ھۇزۇرلىنىپ ياشايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ مەسىلەن: يامغۇرنى، زېمىنغا كۆمۈلگەن ئۆلۈكلەرنى، خەزىنىلەرنى ۋە بايلىقلارنىمۇ بىلىدۇ.

④ ئاسماندىن چۈشىدىغان يامغۇر، قىرو، شەبنەم، گۆلدۇرماما، چاقماق، رىزىق، ئەجەل، بەرىكەت قاتارلىقلارنى يەنە ئاسماندىن

چۈشۈرۈلگەن پەرىشتىلەر ۋە كىتابلارنى بىلىدۇ.

⑤ ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان پەرىشتىلەر، مەقبۇل دۇئالار ۋە بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

⑥ بۇ يەردە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى قەسەم بىلەن، جەزمەنلىكنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە ۋە تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىدىغان «لام» ھەرپى بىلەن كۈچلەندۈرۈلۈپ ئىپادىلەندى. قىيامەت نېمىشقا كەلمەيدىكەن؟ ئۇ ھەر ھالەتتە چوقۇم كېلىدۇ.

⑦ ﴿لَا يَعۡزُبُ﴾ ھېچ نەرسە ئۇنىڭدىن يىراق ئەمەس، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەس، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا غەيب بولۇپ قالمايدۇ. يەنى ئاسمان ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسىمۇ ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەس تۇرسا، سىلەرنىڭ سۆڭەكلىرىڭلار چېچىلىپ، تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتسىمۇ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، سىلەرنى تىرىلدۈرۈش ئۇنىڭغا نېمىشقا مۇمكىن بولمىسۇن؟

وَلَآ أَصۡغَرُ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكۡبَرُ إِلَّا فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٖ ٣ لِّيَجۡزِيَ
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ
كَرِيمٞ ٤ وَٱلَّذِينَ سَعَوۡ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٞ
مِّن رِّجۡزٍ أَلِيمٞ ٥ وَيَرَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ إِلَيۡكَ
مِن رَّبِّكَ هُوَ ٱلۡحَقَّ وَيَهۡدِيٓ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَمِيدِ ٦

*مەيلى زەررىدىنمۇ كىچىك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسە بولسۇن، ئۇنىڭ روشەن كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنمىگىنى يوقتۇر»①[3]. (ھەممە نەرسىنىڭ مۇنداق خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر②. ئەنە شۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار [4]. بىزنى ئۆزلىرىگە ئازاب چۈشۈرۈشكە قادىر ئەمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغانلارغا③ كەلسەك، ئەنە شۇلار ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق ئازاب بار*

***[5]. ئىلىم بېرىلگەنلەر④ ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (قۇرئان) نىڭ شەكسىز ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇتلەق غالىب ۋە مەدھىيەگە لايىق ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ⑤ [6].***

① يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر.

② بۇ يەردە قىيامەتنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەب بايان قىلىندى. يەنى قىيامەت شۇنىڭ ئۈچۈن بەرپا بولىدۇكى ۋە ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىلدۈرىدۇكى، ئۇ كۈندە ياخشىلارنى قىلغان ياخشىلىقلىرى بەدىلىگە مۇكاپاتلايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇ كۈننى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئۈچۈن بەلگىلىگەن. ئەگەر ياخشىلارنى مۇكاپاتلايدىغان، يامانلارنى جازالايدىغان كۈن بولمىسا، ياخشىلار بىلەن يامانلار باراۋەر بولۇپ قالىدۇ، بەندىلەرگە خۇسۇسەن ياخشىلارغا زۇلۇم بولىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئادالەت سۈپىتىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ. ﴿رەببىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 46-ئايەت)

③ يەنى بىزنى ﴿مُعٰجِزِيْنَ﴾ ئۆزلىرىنى جازالاشتىن ئاجىز قالىدۇ، دەپ ئويلاپ، پەيغەمبەرلىرىمىزگە نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئورۇنغانلارغا قاتتىق ئازاب بار. بۇ يەردە شۇنداق كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدىكى، ئۇلار: بىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن چىرىپ، تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدىغان تۇرساق، قانداقمۇ قايتا تىرىلىپ، ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولىمىز؟ دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ چۈشەنچىسى، ئاللاھ بىزنى جازالىيالمايدۇ، شۇڭا بىز قىيامەتتىن قورقمايمىز، دېگەننى ئىپلان قىلغان بولاتتى.

④ بۇ يەردىكى ﴿يَرَى﴾ «كۆرىدۇ» دېگەندىن كۆز بىلەن كۆرىدۇ ئەمەس، بەلكى دىل بىلەن كۆرىدۇ يەنى شەكسىز بىلىدۇ، دېگەن ئۇقۇم مەقسەت قىلىنىدۇ. «ئىلىم بېرىلگەنلەر » دېگەندە ئەمەل قىلغۇچى ئۆلىمالار، ساھابە كىراملار ياكى ئەھلى كىتابتىن بولغان مۆئمىنلەر ياكى بارلىق مۆئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، مۆئمىنلەر بۇنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدۇ.

⑤ بۇ يەردىكى ﴿هُوَ﴾ «ئۇ» دېگەن ئالماش ھەقنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىدىن غالىپ، ھەممە ئىشلىرىدا مەدھىيەگە

لايىق ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ قايسى يول؟ ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرىنى دەۋەت قىلىپ كەلگەن تەۋھىد يولىدۇر.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ هَلۡ نَدُلُّكُمۡ عَلَىٰ رَجُلٖ يُنَبِّئُكُمۡ إِذَا مُزِّقۡتُمۡ
كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّكُمۡ لَفِي خَلۡقٖ جَدِيدٍ ۝٧ أَفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَم
بِهِۦ جِنَّةُۢۗ بَلِ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ فِي ٱلۡعَذَابِ وَٱلضَّلَٰلِ
ٱلۡبَعِيدِ ۝٨ أَفَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَىٰ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُم مِّنَ
ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۚ

*كاپىرلار (بىر ـ بىرىگە) دېدىكى①: «سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ) تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەندىن كېيىن②، چوقۇم يېڭىدىن يارىتىلىسىلەر دەپ خەۋەر بېرىدىغان③ بىر ئادەمنى④ كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟ [7]. ئۇ ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇدىمۇ؟ ياكى ئېلىشىپ قالدىمۇ؟ (بىلمەيمىز)⑤» ئىش ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، (ھەقىقەت شۇكى) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئازابتا ۋە چوڭقۇر گۇمراھلىقتا مەھكۇمدۇر⑥ [8]. ئۇلار ئالدىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى (ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان) ئاسمان بىلەن زېمىننى كۆرمىدىمۇ؟⑦*

① بۇ مۆئمىنلەرنىڭ قارشىسىدىكى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە شۇنداق دېدى.

② يەنى سىلەر ئۆلۈپ، جەسىتىڭلار تىتما ـ تىتما بولۇپ، تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن يارىتىلىسىلەر، قەبرىلەردىن ئىلگىرىكى تىرىك ھالىتىڭلار بىلەن چىقىسىلەر. ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئۆزئارا پاراڭلىرىدا مازاق ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن دېيىشتى.

③ ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە چۈشەنمەك قىيىن بولغان خەۋەر يەتكۈزىدىغان.

④ بۇ ئادەمدىن ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن پەيغەمبەر قىلىنىپ

ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ يەنى ئىككى ئىشنىڭ بىرى چوقۇم راست. بىر بولسا، ئۇ ئۆزىگە ئاللاھ تائالا تەرەپتىن پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلىپ، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتىدۇ ياكى بولمىسا، ئۇ ئەقلىدىن ئازغان، شۇڭا مۇشۇنداق قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ.

⑥ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بەردى. يەنى ئىش ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئەقلىدىن ئازغان ۋە ھەقىقەتنى چۈشەنمىگەنلەردۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتماي، ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار بۈگۈن ھەقىقەتتىن يىراقلاشقان ۋە گۇمراھلىققا مۇپتىلا بولغان ھالدا ياشايدۇ. ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

⑦ ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەيىبلەپ شۇنداق دەۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىش ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇ قەدەر ئېگىز ھەم پايانسىز ئاسماننى ياراتقان، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى شۇ قەدەر چوڭ زېمىننى ياراتقان قۇدرەتلىك زات ئۇچۈن ئۆزى يوقتىن بار قىلغان نەرسىنى قايتا يارىتىش ۋە ئۇنى ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتۇرۇش نېمىشقا مۇمكىن بولمىسۇن؟!

إِن نَّشَأۡ نَخۡسِفۡ بِهِمُ ٱلۡأَرۡضَ أَوۡ نُسۡقِطۡ عَلَيۡهِمۡ كِسَفٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِۚ
إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّكُلِّ عَبۡدٖ مُّنِيبٖ ٩ ۞ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ مِنَّا
فَضۡلٗاۖ يَٰجِبَالُ أَوِّبِي مَعَهُۥ وَٱلطَّيۡرَۖ وَأَلَنَّا لَهُ ٱلۡحَدِيدَ ١٠ أَنِ ٱعۡمَلۡ
سَٰبِغَٰتٖ وَقَدِّرۡ فِي ٱلسَّرۡدِۖ وَٱعۡمَلُواْ صَٰلِحًاۖ إِنِّي بِمَا تَعۡمَلُونَ
بَصِيرٞ ١١

***ئەگەر خالىساق ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز①. شەكسىزكى،***

*بۇنىڭدا (تەۋبە قىلىپ) ئاللاھقا قايتقۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار [9].*
*شەكسىزكى، بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن (پەيغەمبەرلىك، پادىشاھلىق ۋە ئىلىم قاتارلىق) ئىمتىياز ئاتا قىلدۇق②. «ئى تاغلار! داۋۇد بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار، ئى قۇشلار! (سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار)③» (دېدۇق). تۆمۈرنى ئۇنىڭغا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق④ [10]. بىز (ئۇنىڭغا) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن⑤، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى) ئۆلچەملىك قىلغىن⑥، ھەممىڭلار ياخشى ئىش قىلىڭلار⑦، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن» (دەپ ۋەھيي قىلدۇق) [11].*

① بۇ ئايەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىرىنچىسىدە ئالدىنقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتى بايان قىلىنىدى. ئىككىنچىسىدە كاپىرلارغا تەنبىھ ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. بىلىڭلاركى، ئاسمان-زېمىننى يارىتىشقا قادىر زات ئاللاھتۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا ۋە ئۇنىڭ كونتروللۇقىدىدۇر. ئۇ خالىغان چاغدا ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتىپ، ھەممىنى ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ. قارۇننى ھالاك قىلغاندەك يەرگە يۇتقۇزىۋېتەلەيدۇ ياكى ئەيكىلىكلەرنى جازالىغاندەك ئاسماندىن ئازاپ چۈشۈرۈپ ھالاك قىلالايدۇ.

② يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بىلەن بىرگە پادىشاھلىقنىمۇ ئاتا قىلدى. يەنە ئۇنىڭغا زەبۇر ناملىق كىتاب، ساۋۇت ياساش تېخنىكىسى، تاغلار ۋە قۇشلارنى بويسۇندۇرۇپ بېرىش ۋە تۆمۈرنى يۇمشاق قىلىپ بېرىش قاتارلىق ئىمتىيازلارنى ئىنئام قىلدى.

③ ئۇ ئىمتىيازلارنىڭ بىرى خۇش ئاۋاز نېمىتى ئىدى. ئۇ تەسبىھ ئېيتسا، قاتتىق تاغلارمۇ تەسبىھ ئېيتاتتى، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارمۇ توختاپ، ئۇنىڭغا جور بولۇپ تەسبىھ ئېيتىپ كېتەتتى. ﴿أَوِّبِي﴾نىڭ مەنىسى تەسبىھكە جور بولۇڭلار، ئۇ ئېيتقان تەسبىھنى تەكرارلاڭلار يەنى بىز تاغلار ۋە قۇشلارغا داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە تەسبىھ ئېيتىڭلار، دېدۇق. بۇ يەردىكى ﴿وَالطَّيْرَ﴾ «قۇشلار» نى ئالدىدىكى «تاغلار» غا باغلانغان دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى، تاغلارنى ۋە قۇشلارنى

ئۇنىڭ بىلەن تەسبىھ ئېيتىشقا چاقىردۇق، دېگەن بولىدۇ. ئەگەر «قۇشلار»نى يۇقىرىدىكى «ئىمتىياز» غا باغلانغان دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى، بىز قۇشلارنى (بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتسۇن دەپ) ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۆمۈرنى ئوتقا سالماستىن، بولقا بىلەن سوقماستىن ، قولى بىلەن خۇددى موم، خېمىر ۋە لايىنى مىجىغاندەك مىجىپ، تولغاپ، ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزەتتى.

⑤ ﴿سَـٰبِغَـٰتٍ﴾ ئەسلىدە «دُرُوْعًا سَابِغَاتٍ» مۇكەممەل ساۋۇتلار بولۇپ، بۇ يەردە سۈپەتلەنگۈچىسى ئېلىۋېتىلگەن سۈپەت شەكلىدە كەلگەن. يەنى ساۋۇتنى جەڭچىنىڭ پۈتۈن جىسمىنى مۇناسىپ شەكىلدە ئوراپ تۇرىدىغان، دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن قوغدىيالايدىغان قىلىپ ياسىغىن.

⑥ بۇ يەردە ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ساۋۇتنى قانداق ياساش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىۋاتىدۇ. ساۋۇتنىڭ ھەجمى كىچىكمۇ، چوڭمۇ بولمىسۇن، بەك قاتتىق ياكى يۇمشاقمۇ بولمىسۇن، پارچىلارنى باغلايدىغان ھالقىلار بەك ئىنچىكە ياكى بەك چوڭ بولمىسۇن، ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغان قوپالمۇ بولمىسۇن، يەنى كىيىش ئاسان ۋە ھەرىكەتلىنىشكە قولاي بولسۇن.

⑦ يەنى بۇ نېمەتلەرگە ئەمەلىي شۈكۈر ئادا قىلىش ئۈچۈن، ياخشى ئەمەل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىڭلار. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئاللاھ تائالا كىمگە دۇنيا نېمەتلىرىدىن يېتەرلىك ئاتا قىلغان بولسا، ئۇ شۇ نېمەتلەرگە لايىق شۈكۈر ئادا قىلىشى لازىم. شۈكۈر قىلىشتا ئەڭ مۇھىمى نېمەت بەرگۈچىنى پۈتۈن كۆچى بىلەن رازى قىلىشقا تىرىشىش يەنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئۇ چەكلىگەن نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم.

وَلِسُلَيۡمَٰنَ ٱلرِّيحَ غُدُوُّهَا شَهۡرٞ وَرَوَاحُهَا شَهۡرٞۖ وَأَسَلۡنَا لَهُۥ عَيۡنَ
ٱلۡقِطۡرِۖ وَمِنَ ٱلۡجِنِّ مَن يَعۡمَلُ بَيۡنَ يَدَيۡهِ بِإِذۡنِ رَبِّهِۦۖ وَمَن يَزِغۡ
مِنۡهُمۡ عَنۡ أَمۡرِنَا نُذِقۡهُ مِنۡ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ١٢ يَعۡمَلُونَ لَهُۥ مَا
يَشَآءُ مِن مَّحَٰرِيبَ وَتَمَٰثِيلَ وَجِفَانٖ كَٱلۡجَوَابِ وَقُدُورٖ رَّاسِيَٰتٍۚ

ٱعۡمَلُوٓاْ ءَالَ دَاوُۥدَ شُكۡرٗاۚ وَقَلِيلٞ مِّنۡ عِبَادِيَ ٱلشَّكُورُ ﴿١٣﴾

*بىز سۇلەيمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، (ئۇ شامال نورمال مېڭىشتا) چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى①، ئۇنىڭغا مىس بۇلىقىنى (سەلدەك) ئاققۇزۇپ بەردۇق②، جىنلارنىڭ بىر قىسمى رەببىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز③ [12]. جىنلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان بويىچە مەسجىدلەرنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان قازانلارنى ياساپ بېرەتتى④، (بىز): «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىڭلار، بەندىلىرىمدىن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچىلار ئازدۇر» (دېدۇق) [13].*

① يەنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بارلىق دۆلەت ئەربابلىرى ۋە لەشكەرلىرى بىلەن ئولتۇرغان تەخت ۋە گىلەملەرنى ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شامال ئۇچۇرۇپ ماڭاتتى. شۇ قەدەر تېز ئۇچاتتىكى ئەتىگەندىن چۈشكىچە بىر ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ بولاتتى. يەنە چۈشتىن كېيىن كەچ كىرگىچە يەنە بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈندە ئىككى ئايلىق مۇساپىگە ئۇچۇپ باراتتى.

② يەنى بىز داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تۆمۈرنى يۇمشاق قىلىپ بەرگەندەك، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغىمۇ مىستىن خالىغان نەرسىنى ياسىسۇن دەپ، مىس چىقىدىغان بۇلاقنى ئېقىتىپ بەردۇق.

③ كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ قىيامەت كۈنى بېرىلىدىغان جازانى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ دۇنيادا بېرىلىدىغان جازانى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بىر پەرىشتىنى جىنلارنى جازالاشقا مۇئەككەل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا ئوتتىن بىر قامچا بولاتتى. قايسىبىر جىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنمىسا، پەرىشتە ئۇنى قامچا بىلەن ئۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىن كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتەتتى. (فەتھۇلقەدىر)

④ ﴿مَحَارِيبَ﴾ " مِحْرَابٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئېگىز جاي، كۆركەم ئىمارەت، ئۆيىنىڭ تۆرى، مېھراب، نامازگاھ دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە مەسجىدلەر، ئىبادەتخانىلار ياكى چوڭ قەسىرلەر ۋە ئېگىز بىنالارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿تَمَاثِيلَ﴾ " تِمْثَالٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ ھەيكەلنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئۇلار جانسىز شەيئىلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى ياسايتتى. ئىسلامدا جانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەيكىلىنى ياساش قاتتىق چەكلەنگەن. ﴿جِفَانٍ﴾ " جَفْنَةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، لېگەن مەنىسىدە. ﴿جَوَابِ﴾ " جَابِيَةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، سۇ جەم بولىدىغان كۆل مەنىسىدە. بۇ يەردە لېگەن، قازان دېگەنلەر كۆپلۈك شەكىلدە كەلدى. بۇ لېگەنلەر تاشلاردىن ياسىلاتتى. قازانلارنىڭ چوڭلۇقىدىن ئورنىدىن يۆتكىگىلى بولمايتتى، بۇ قازانلاردا بىر ۋاقىتتا نەچچە مىڭ كىشىلىك تائام ھازىرلىناتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جىنلار قىلاتتى.

فَلَمَّا قَضَيْنَا عَلَيْهِ ٱلْمَوْتَ مَا دَلَّهُمْ عَلَىٰ مَوْتِهِۦٓ إِلَّا دَآبَّةُ ٱلْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُۥ ۖ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ ٱلْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ٱلْغَيْبَ مَا لَبِثُوا۟ فِى ٱلْعَذَابِ ٱلْمُهِينِ ﴿١٤﴾ لَقَدْ كَانَ لِسَبَإٍ فِى مَسْكَنِهِمْ ءَايَةٌ ۖ جَنَّتَانِ عَن يَمِينٍ وَشِمَالٍ ۖ

***سۇلەيماننى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلار (نىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ئىنسانلارغا) ئايان بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى① [14]. شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىنىڭ تۇرىدىغان جايلىرىدا ئۇلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك) دەلىل بار ئىدى② ، (ئۇ جاينىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە (بىردىن) ئىككى باغ بار ئىدى③ .***

① سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا جىنلار غەيبنى بىلىدۇ

دېگەن ئېتىقاد مەشھۇر بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بۇ ئېتىقادنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى.

② «سەبەئ» بىر قەۋمنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايال پادىشاھى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بۇ مەملىكەتنىڭ نامى قەۋمنىڭ نامى بىلەن «سەبەئ» دەپ ئاتالغان ئىدى. بۈگۈن «يەمەن» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ مەملىكەتنىڭ ئادەملىرى خۇشال-خۇرام ياشايتتى. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز تىجارىتىگىمۇ ماھىر ئىدى. تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلىرىدىمۇ ئىلغار ئىدى. ئومۇمەن تىجارەت بىلەن باغۋەنچىلىك ھەربىر قەۋمنىڭ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئەنە شۇ مال-مۈلۈكنىڭ كۆپلۈكى ۋە باياشات تۇرمۇش بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك دەلىل دەپ ئىپادىلەندى.

③ يەنى شەھەر ئىككى تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، تاغلارنىڭ ئارىسىدىن بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ چىقىپ، شەھەرگە كىرەتتى. ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا توسما بىنا قىلدۇرۇپ، بۇلاق سۇلىرىنى توسما ئارقىلىق تىزگىنلىدى. نەتىجىدە سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى مۇقىملاشتى. ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەر خىل كۆچەتلەرنى تىكىپ باغلارنى بەرپا قىلدۇردى. باغلارنى بۇلاق سۇلىرى بىلەن سۇغاردى. ئۇ باغلار بۇ ئايەتتە ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى ئىككى باغ دەپ ئىپادىلەندى. بەزى ئۆلىمالار ئىككى باغ دېگەندىن ئىككى باغ ئەمەس ئوڭ ۋە سول تەرەپلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ باغلارنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئوڭ تەرەپكە قارىسىمۇ، سول تەرەپكە قارىسىمۇ باغۇ-بوستان بارلىقىنى، جۈملىدىن ھەر تەرەپتە باغ ۋە يېشىللىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، دېدى. (فەتھۇلقەدىر)

كُلُواْ مِن رِّزۡقِ رَبِّكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لَهُۥۚ بَلۡدَةٞ طَيِّبَةٞ وَرَبٌّ غَفُورٞ ﴿١٥﴾
فَأَعۡرَضُواْ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ سَيۡلَ ٱلۡعَرِمِ وَبَدَّلۡنَٰهُم بِجَنَّتَيۡهِمۡ جَنَّتَيۡنِ
ذَوَاتَيۡ أُكُلٍ خَمۡطٖ وَأَثۡلٖ وَشَيۡءٖ مِّن سِدۡرٖ قَلِيلٖ ﴿١٦﴾ ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم
بِمَا كَفَرُواْۖ وَهَلۡ نُجَٰزِيٓ إِلَّا ٱلۡكَفُورَ ﴿١٧﴾

***(ئۇلارغا): «رەببىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار① ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار②، (سىلەرنىڭ شەھىرىڭلار تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋاسى ساپ) ياخشى شەھەردۇر③، رەببىڭلار مەغپىرەت قىلغۇچى زاتتۇر④» (دېگەن ئىدۇق) [15]. (ئۇلار شۈكۈر قىلىشتىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارغا كۈچلۈك كەلكۈننى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ شۇ ئىككى بېغىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز - تولا سىدرىلىق (يەنى ياۋا چىلانلىق) ئىككى باغقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق⑤ [16]. ئۇلار تۇزكورلۇق قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى مۇشۇنداق جازالىدۇق، بىز (مۇشۇنداق ئېغىر جازا بىلەن) پەقەت تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز [17].***

① بۇ سۆزلەر ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق دېيىلگەن ياكى بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ بايانىدۇر.

② يەنى سىلەرگە نېمەت ئاتا قىلغان ۋە ئېھسان قىلغان رەببىڭلارغا بويسۇنۇڭلار، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماڭلار.

③ يەنى بۇ شەھەر باغلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە مېۋىلىرىنىڭ سەرخىللىقى بىلەن بەلەن جايدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ شەھەر سۇ ۋە ھاۋانىڭ ساپ بولغانلىقىدىن چىۋىن، پاشا دېگەندەك زىيانلىق ھاشاراتلاردىن خالىي ئىدى. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

④ يەنى ئەگەر سىلەر رەببىڭلارغا شۈكۈر قىلىپ تۇرساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. دېمەك ئىنسان تەۋبە قىلىپ تۇرسا، گۇناھى سەۋەبلىك ئومۇمىي ھالاكەتكە دۇچار بولمايدۇ، نېمەتمۇ تارتىۋېلىنمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

⑤ ئۇلارنىڭ ئىككى تاغ ئارىسىغا سۇنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ياسىغان توسمىسىنى ۋە شۇ سۇ بىلەن سۇغۇرغان باغلىرىنى بىز سۇغۇق ۋە شىددەتلىك كەلكۈن بىلەن ۋەيران قىلدۇق. ئەنە شۇ مېۋىلىك باغلار ياۋا يۇلغۇندىن باشقا نەرسە يوق بىر جاڭگالغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باغلاردا مېۋە بولمىدى. بولدى دېگەندىمۇ ئاچچىق، بەتبۇي، تەمسىز، يېگىلى بولمايدىغان ياۋا مېۋىلەر بولدى. مېۋىلىك

دەرەخلەرنىڭ ئورنىنى يۇلغۇن، بىيە، ياۋا چىلان دەرەخلىرى، ئاچچىق مېۋىلىك ئەراك دەرەخلىرى، تىكىنى كۆپ مېۋىسى ئاز دەرەخلەر ئىگىلىدى. ﴿الْعَرِمِ﴾ "عَرَمَةٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، تۇغان، توسما دېگەن مەنىدە. دېمەك بىز ئۇلارغا شىددەتلىك كەلكۈن ئەۋەتتۇق. كەلكۈن ئۇلارنىڭ توسمىسىنى تېشىۋەتتى. بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان شىددەتلىك ئېقىن شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان بىنالارنى، زىرائەتلەرنى، باغلارنى ۋەيران قىلدى. بۇ توسما «سەددى مەئرەب» دېگەن نام بىلەن ھېلھەم مەشھۇردۇر.

وَجَعَلْنَا بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ ٱلْقُرَى ٱلَّتِي بَٰرَكْنَا فِيهَا قُرًى ظَٰهِرَةً
وَقَدَّرْنَا فِيهَا ٱلسَّيْرَ سِيرُواْ فِيهَا لَيَالِيَ وَأَيَّامًا ءَامِنِينَ ١٨ فَقَالُواْ
رَبَّنَا بَٰعِدْ بَيْنَ أَسْفَارِنَا وَظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمْ فَجَعَلْنَٰهُمْ أَحَادِيثَ
وَمَزَّقْنَٰهُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٍ لِّكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ ١٩

***ئۇلار (نىڭ يۇرتى) بىلەن بىز بەرىكەتلىك قىلغان شەھەرلەر ئارىسىدا، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان (تۇتىشىپ كەتكەن) نۇرغۇن شەھەرلەرنى بەرپا قىلدۇق①، ئۇلار ئارىسىدىكى قاتناشنى (ئۆتەڭلەر بىلەن) ئۆلچەملىك قىلدۇق②، (ئۇلارغا): «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېچىلەردە ۋە كۈندۈزلەردە تىنچ ـ ئامان مېڭىڭلار!»③ (دېدۇق) [18]. ئۇلار: «ئى رەببىمىز! سەپەرلىرىمىز ئارىسىنى (يەنى ئۆتەڭلار ئارىسىدىكى مۇساپىنى) يىراق قىلىپ بەرگىن» دېدى④ (ۋە كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى. بىز ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى كېيىنكىلەرگە) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق⑤. ئۇلارنى تىتما ـ تىتما قىلىپ پارچىلىۋەتتۇق⑥، شەكسىزكى، بۇنىڭدا (تائەت _ ئىبادەتتە) ناھايىتى چىداملىق، (ئاللاھقا) كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر (مۇئمىن) بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار [19].***

① «بەرىكەتلىك قىلغان شەھەرلەر» شام شەھەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىز ئۇلارغا سەبەئ (يەمەن)دىن شامغا بارغىچە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن شەھەرلەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلارنى بەرپا قىلدۇق. بەزى

مۇپەسسىرلەر ﴿ظَاهِرَةً﴾ «كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان» يەنى «مُتَوَاصِلَةً» بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن دېمەكتۇر. مۇپەسسىرلەر بۇ شەھەرلەرنىڭ سانى 4700 ئىدى، دەيدۇ. بۇ شەھەرلەر ئۇلارنىڭ تىجارەت ئۈچۈن سەپەر قىلىدىغان چوڭ يول بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىسى كۆپ ۋە بىر-بىرىگە تۇتاش ئولتۇراقلاشقان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار سەپەر قىلسا، ئوزۇق-تۈلۈك، سۇ ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىۋېلىش زۆرۈر بولمايتتى. يەنە يول ئەمىن بولغانلىقتىن بۇلاڭچىلىقتىن خالىي، ئۇرۇش-جېدەل ئەندىشىسىمۇ يوق ئىدى.

② يەنى ئارىلىقى يېقىن بولغانلىقتىن بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە بارغىچە بولغان مۇساپە ئېنىق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار سەپەرلىرىدە جاپا تارتماي، خاتىرجەم سەپەر قىلاتتى. مەسىلەن: ئەتىگەندە سەپەرگە چىقسا، ئالدىدىكى بىر شەھەردە چۈشلۈك تاماق يەپ ئارام ئالاتتى. ئاندىن سەپەرنى داۋام قىلىپ، يەنە بىر شەھەردە قونۇپ قالاتتى.

③ يولنىڭ خەۋپ-خەتەرلىرىدىن خاتىرجەم، شەھەرلەر ئارىسى يېقىن، ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ تۈگەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەش يوق. كېچە-كۈندۈز قايسى ۋاقىتتا سەپەر قىلماقچى بولساڭلار، سەپەر قىلىڭلار. جان ۋە مالغا خەۋپ يېتىشتىن ئەنسىرەش يوق. يولدا ئېغىر سەپەر جابدۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق.

④ يەنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە ھەسەن قاتارلىق مۇپەسسىرلەر دېدىكى، ئۇلار بۇ نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلىپ، باشقىلارغا ئوخشاش سەپەر مۇساپىسىنى بېسىش ئۈچۈن ئوزۇق-تۈلۈك، ئات-ئۇلاغ بولمىسا بولمايدىغان، ئاپتاپتا چاڭقايدىغان، ئاچ قالىدىغان، ئارىلىقى يېقىن شەھەرلەرنىڭ ئورنىغا يىراق-يىراق سەھرالارنى ۋە قۇملۇقلارنى بېسىپ ئۆتىدىغان، يازدا پىژغىرىم ئاپتاپقا، قىشتا قاتتىق شىۋىرغانغا دۇچار بولىدىغان، تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگىدەك قىلىپ بەرگىن دەپ تىلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ تىلىكى خۇددى ئىسرائىل ئەۋلادى تەرەنجۇبىل ۋە بۆدۈنە قاتارلىق نېمەتلەرنىڭ ئورنىغا پىياز، يېسىۋىلەك، كۆكتات قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلغاندەك بىر ئىش ئىدى. يەنە بىر مەنىسى، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن شۇنداق تىلەك ئىپادىلەنگەن ئىدى.

⑤ يەنى ئۇلارنى شۇ دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتتۇقكى، ئۇلارنىڭ ھالاك بولغانلىقى كىشىلەر ئىبرەت ئالىدىغان ھېكايىگە ئايلاندى. ھەربىر مەجلىس ۋە سورۇننىڭ مۇھىم سۆھبەت تېمىسى بولۇپ قالدى.

⑥ يەنى ئۇلارنى يۇرت-يۇرتلارغا تارقىتىۋەتتۇق. نەتىجىدە سەبەئىدە ئولتۇراقلاشقان مەشھۇر قەبىلىلەر يىراقتىكى ياقا يۇرتلارغا چېچىلىپ كەتتى. بەزىلىرى يەسرىبكە، بەزىسى مەككىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. بەزىلىرى شام زېمىنلىرىغا يەرلەشتى، بەزىلىرى باشقا جايلارغا كەتتى.

وَلَقَدۡ صَدَّقَ عَلَيۡهِمۡ إِبۡلِيسُ ظَنَّهُۥ فَٱتَّبَعُوهُ إِلَّا فَرِيقٗا مِّنَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٢٠﴾ وَمَا كَانَ لَهُۥ عَلَيۡهِم مِّن سُلۡطَٰنٍ إِلَّا لِنَعۡلَمَ مَن
يُؤۡمِنُ بِٱلۡأٓخِرَةِ مِمَّنۡ هُوَ مِنۡهَا فِي شَكّٖۗ وَرَبُّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ
حَفِيظٞ ﴿٢١﴾ قُلِ ٱدۡعُواْ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَمۡلِكُونَ
مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا لَهُمۡ فِيهِمَا مِن شِرۡكٖ
وَمَا لَهُۥ مِنۡهُم مِّن ظَهِيرٖ ﴿٢٢﴾ وَلَا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ عِندَهُۥٓ إِلَّا لِمَنۡ
أَذِنَ لَهُۥۚ

*ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئۇلارنى (ئازدۇرۇش) ھەققىدىكى تەخمىنىنى ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم مۇئمىنلەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگىشىپ كەتتى [20]. ھالبۇكى، ئىبلىسنىڭ ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئۈستىدە ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقى يوق ئىدى. پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلارنى ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئايرىشىمىز ئۈچۈن (ئىبلىسقا ۋەسۋەسە قىلىش پۇرسىتىنى بەردۇق)، رەببىڭ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر [21]. (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار①، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ②، بۇ ئىككىسى (نىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىدارە قىلىنىشى)دا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق شېرىكچىلىكى*

*يوق③ ، ئۇلاردىن ھېچبىرى ئاللاھقا ياردەمچىمۇ ئەمەس④ » [22].*
*ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئاللاھ ئۆزى رۇخسەت بەرگەن ئادەمدىن*
*باشقا ھېچكىمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ⑤.*

① يەنى سىلەرنىڭ قارىشىڭلار بويىچە ئىلاھ دەپ ئويلىغان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ھەممىنى چاقىرىڭلار.

② يەنى ئۇلار نە ياخشىلىقنى تالىلاش ئىختىيارىغا ئىگە ئەمەس نە يامانلىقنى. بىر كىمگە پايدا يەتكۈزۈش ياكى زىيان يەتكۈزۈشكىمۇ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا» دېگەن ئىبارە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىلغا ئېلىندى. چۈنكى، بارلىق تاشقى مەۋجۇداتلارمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. دېمەك ئۇلار ھېچيەردە ھېچنەرسىگە ئىگە ئەمەس.

③ يەنى ئۇلارنىڭ نە ئاسمان-زېمىننى يارىتىشتا، نە ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا، نە ئۇلارنى باشقۇرۇشتا ھېچ شېرىكچىلىكى يوق.

④ ئاللاھ تائالا ھېچبىر ئىشتا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالمايدۇ. پۈتۈن ھوقۇق، كۈچ-قۇدرەت ۋە ئىختىيار ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە. ئۇنىڭغا ھېچكىم شېرىك ئەمەس. ئاللاھ تائالا بارلىق ئىشلارنى ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولماستىن ئۆز قۇدرىتى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ.

⑤ «ئاللاھ ئۆزى رۇخسەت بەرگەن ئادەمدىن باشقا» بۇنىڭ بىر مەنىسى: پەقەت پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە سالىھلار شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلەر بولۇپ، شاپائەت قىلالايدۇ، ئۇلاردىن باشقىلار شاپائەت قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. نە ئۇلارغا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. ئىككىنچى مەنىسى: شاپائەتكە لايىق بولغانلار يەنى پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە سالىھلارمۇ پەقەت شاپائەتكە لايىق بولغانلارنى شاپائەت قىلالايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تەرەپتىن پەقەت شاپائەتكە لايىق بولغانلارنىلا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ، باشقىلارنى ئەمەس. (فەتھۇلقەدىر) دېمەك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە سالىھلاردىن باشقا ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ. ئۇلارمۇ پەقەت مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلارنىلا شاپائەت قىلالايدۇ. ئەمما كاپىرلار، مۇشرىكلار

ۋە ئاللاھقا قارشى چىققۇچىلارنى شاپائەت قىلالمايدۇ. قۇرئان كەرىم ئىككى ئايەتتە بۇ نۇقتىنى روشەن بايان قىلدى: ﴿ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾. (سۈرە بەقەرە 255-ئايەت) يەنە ﴿ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ﴾. (سۈرە ئەنبىيا 28-ئايەت).

حَتَّىٰٓ إِذَا فُزِّعَ عَن قُلُوبِهِمۡ قَالُواْ مَاذَا قَالَ رَبُّكُمۡۖ قَالُواْ ٱلۡحَقَّۖ
وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٢٣﴾ ۞ قُلۡ مَن يَرۡزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ
قُلِ ٱللَّهُۖ وَإِنَّآ أَوۡ إِيَّاكُمۡ لَعَلَىٰ هُدًى أَوۡ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٢٤﴾ قُل لَّا
تُسۡـَٔلُونَ عَمَّآ أَجۡرَمۡنَا وَلَا نُسۡـَٔلُ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٢٥﴾ قُلۡ يَجۡمَعُ بَيۡنَنَا
رَبُّنَا ثُمَّ يَفۡتَحُ بَيۡنَنَا بِٱلۡحَقِّ وَهُوَ ٱلۡفَتَّاحُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٢٦﴾

*(شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ) دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلار (بىر-بىرىگە): «رەببىڭلار (شاپائەت توغرۇلۇق) نېمە دېدى؟» دەيدۇ① . ئۇلار: «ھەقنى (دېدى) (يەنى مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى)» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ ئالىي مەرتىۋىلىكتۇر ۋە (ھەممىدىن) كاتتىدۇر [23]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسمانلاردىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان كىم؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھتۇر! شۈبھىسىزكى، بىز (يەنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگۈچىلەر) ياكى سىلەر (ئىنكار قىلغۇچىلار) - (يەنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى يا) چوقۇم ھىدايەت ئۈستىدە يا ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر»② [24]. ئېيتقىنكى، «بىزنىڭ قىلغان گۇناھىمىزدىن سىلەر سوراققا تارتىلمايسىلەر، بىزمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن سوراققا تارتىلمايمىز» [25]. ئېيتقىنكى، «رەببىمىز بىزنى (قىيامەت كۈنى) بىر ئارىغا توپلايدۇ، ئاندىن ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ③، ئاللاھ ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، (خالايىقنىڭ ئەھۋالىنى) تولۇق بىلگۈچىدۇر» [26].*

① بۇ ئايەتنىڭ بىر قانچە تەپسىرى بار. ئۇنى ئىمام ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى كەسىر ھەدىسكە ئاساسلىنىپ تۆۋەندىكىدەك مۇنداق تەپسىر قىلدى: ئاللاھ تائالا ئاسماندا بىر ئىش ھەققىدە ئەمىر (ۋەھيى) قىلسا، پەرىشتىلەر قورققىنىدىن قاناتلىرىنى قاقىدۇ ۋە بىھوش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ھوشىغا كېلىپ، دىللىرىدىكى قورقۇنچ كەتكەندە، بىر - بىرىگە: رەببىمىز نېمە دېدى؟ دېيىشىدۇ. ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەر يېنىدىكىلەرگە رەببىنىڭ دېگەن سۆزىنى يەتكۈزىدۇ. پەرىشتىلەر ئاڭلىغانلىرىنى ئۆزلىرىدىن بىر قەۋەت ئاستىدا تۇرغان پەرىشتىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ. بۇ خەۋەر شۇ يوسۇندا يەتكۈزۈلۈپ بىرىنچى قەۋەت ئاسماندىكى پەرىشتىلەرگىچە يېتىپ كېلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② گۇمراھلىقتا بولغانلار ـ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مەخلۇقاتقا رىزىق يەتكۈزۈپ بېرىشتە ھېچقانداق شېرىكچىلىكى بولمىغان نەرسىلەرنى مەبۇد دەپ قارايدىغانلاردۇر. نە يامغۇر ياغدۇرالمايدىغان، نە بىر نەرسە ئۈندۈرەلمەيدىغان بۇتلارنى مەبۇد دەپ قارايدىغانلار گۇمراھلاردۇر. شۇڭا پەقەت تەۋھىد ئەھلى ھەقنىڭ ئۈستىدىدۇر. دېمەك ئىككى پىرقىنىڭ ھەر ئىككىسى ئەمەس، پەقەت بىرى چوقۇم ھىدايەت تاپقۇچىدۇر.

③ يەنى ئادالەت بىلەن جازالايدۇ ياكى مۇكاپاتلايدۇ. ياخشىلارنى جەننەتكە، يامانلارنى جەھەننەمگە كىرگۈزىدۇ.

قُلۡ أَرُونِيَ ٱلَّذِينَ أَلۡحَقۡتُم بِهِۦ شُرَكَآءَۖ كَلَّاۚ بَلۡ هُوَ ٱللَّهُ ٱلۡعَزِيزُ
ٱلۡحَكِيمُ ﴿٢٧﴾ وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا كَآفَّةٗ لِّلنَّاسِ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗا
وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢٨﴾ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلۡوَعۡدُ
إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٢٩﴾

*ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئۇنىڭغا قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى ماڭا بىر كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەمەلىيەت ھەرگىز سىلەر دېگەندەك ئەمەس① ، بەلكى ئۇ غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھتۇر» [27]. سېنى بىز پەقەت پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا*

*ئەۋەتتۇق. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ②* [28]*.*
*ئۇلار: «ئەگەر سىلەر (گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (قىلىنغان قىيامەت) قاچان بولىدۇ؟» دەيدۇ③* [29]*.*

① يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ھېچبىر ئوخشىشى، نە تەڭدىشى، نە شېرىكى يوقتۇر. ھەر نەرسىنىڭ ئۈستىدىن غالىبتۇر. ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ۋە سۆزلىرىدە ھېكمەت باردۇر.

② ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىككى نۇقتىنى بايان قىلدى: بىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇمىيۈزلۈك پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئىنسانلارنىڭ رەھبىرى ۋە يول باشلىغۇچىسى ئىكەنلىكى. يەنە بىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاشنى ئارزۇ قىلسىمۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ئىدى. بۇ ئىككى نۇقتا باشقا ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىندى. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾. (سۈرە ئەئراف 158-ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾. (سۈرە فۇرقان 1-ئايەت) بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا مەندىن ئىلگىرىكى ھېچبىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن بەش ئىش بېرىلدى. ماڭا دۈشمەنلىرىمنىڭ دىلىغا بىر ئايلىق يىراقلىقتىكى مۇساپىدىن قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى. ماڭا زېمىننىڭ ھەممە يېرى ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان مەسجىد ۋە پاك جاي قىلىپ بېرىلدى. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەرقانداق ئادەم قەيەردە نامازنىڭ ۋاقتى كەلسە، شۇ يەردە ناماز ئوقۇسۇن. ئۇرۇشتا ئېلىنغان ئولجىلار ماڭا ھالال قىلىپ بېرىلدى، ئۇ مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى. ماڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى. ئىلگىرى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە خاس پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلەتتى، مەن بولسام، پۈتۈن ئىنسانلارغا

پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم». (سەھىھۇل بۇخارى 335-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 521-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئاق ۋە قارا تەنلىك بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم» (سەھىھ مۇسلىم 521-ھەدىس، سۈنەنى دارمى 183-ھەدىس) مۇجاھىد بۇ ھەدىسنى جىنلارغىمۇ، ئىنسانلارغىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم دەپ شەرھىلىگەن. باشقا مۇپەسسىرلەر: ئەرەبلەرگىمۇ ۋە ئەرەب بولمىغان مىللەتلەرگىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم دەپ شەرھىلىگەن. ئىمام ئىبنى كەسىر ھەر ئىككى ئۇقۇم توغرا دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالا كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ گۇمراھ بولۇپ، ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾. (سۈرە يۈسۈف 103-ئايەت) ﴿ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەرگە (يەنى كاپىرلارغا) ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ﴾. (سۈرە ئەنئام 116-ئايەت). يەنى كۆپ سانلىق كىشىلەر گۇمراھ بولىدۇ.

③ كاپىرلار مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق سوئال سورايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى يىراق سانىلىنىدىغان، مۇمكىن ئەمەس بىر ئىش ئىدى.

قُل لَّكُم مِّيعَادُ يَوۡمٖ لَّا تَسۡتَـٔۡخِرُونَ عَنۡهُ سَاعَةٗ وَلَا تَسۡتَقۡدِمُونَ ﴿٣٠﴾
وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن نُّؤۡمِنَ بِهَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ وَلَا بِٱلَّذِي بَيۡنَ
يَدَيۡهِۗ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ مَوۡقُوفُونَ عِندَ رَبِّهِمۡ يَرۡجِعُ بَعۡضُهُمۡ
إِلَىٰ بَعۡضٍ ٱلۡقَوۡلَ يَقُولُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ لَوۡلَآ
أَنتُمۡ لَكُنَّا مُؤۡمِنِينَ ﴿٣١﴾ قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ لِلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُوٓاْ
أَنَحۡنُ صَدَدۡنَٰكُمۡ عَنِ ٱلۡهُدَىٰ بَعۡدَ إِذۡ جَآءَكُمۖ بَلۡ كُنتُم
مُّجۡرِمِينَ ﴿٣٢﴾

*ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان بىر كۈن باركى، سىلەر ئۇنىڭدىن بىردەممۇ كېچىكىپ قالالمايسىلەر ۋە بىردەممۇ ئىلگىرى*

*كېتەلمەيسىلەر»①* [30]. *كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغىمۇ قەتئىي ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ②. ئەگەر سەن زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدىكى بىر-بىرى بىلەن جېدەللىشىۋاتقان ھالىنى بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆرەتتىڭ)③، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا④: «ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ⑤* [31]. *چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ (ھەرگىز توسمىدۇق) سىلەر ئۆزۈڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار» دەيدۇ⑥* [32].

① يەنى ئاللاھ تائالا قىيامەت ئۈچۈن بىر كۈننى بەلگىلىگەن، ئۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت كەلگەندە بىر سائەتمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴾. (سۈرە نۇھ 40-ئايەت)

② يەنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق كىتابلارغا ئىشەنمەيمىز، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ﴿بَيْنَ يَدَيْهِ﴾ «ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلار» دېگەن ئاخىرەتنى كۆرسىتىدۇ. كاپىرلار بۇ يەردە ئاخىرەتكىمۇ ئىشەنمەيمىز، دېمەكچى. چۈنكى، بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ تەرسالىقى ۋە گۇمراھلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار شۇنچە كۆپ دەلىل-پاكىتلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، قۇرئانغا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشكە ئۇنىمايدۇ.

③ يەنى بۇلار دۇنيادىكى چاغدا كۇفرىلىق ۋە شېرىكتە بىر-بىرىگە ھەمكارلاشقان ۋە شۇ ئاساستا بىر-بىرى بىلەن دوست بولۇشقانلار ئىدى. لېكىن ئاخىرەتتە ئۇلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇپ، خاتالىقلىرىنى بىر-بىرىگە ئارتىشقا ئۇرۇنىدۇ.

④ يەنى دۇنيادا ئاقىۋەتنى ئويلانماستىن، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىماستىن ئومۇمىي ئېقىمغا ئەگىشىپ ماڭغان بۇ كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئۆزلىرى دۇنيادا ئەگەشكەن رەھبەرلىرىگە شۇنداق دەيدۇ.

⑤ يەنى سىلەر بىزنى پەيغەمبەرلەر ۋە ھەقكە دەۋەت قىلغۇچىلارغا ئەگىشىشتىن توسقان ئىدىڭلار، ئەگەر سىلەر توسمىغان بولساڭلار، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتقان بولاتتۇق.

⑥ يەنى بىزدە سىلەرنى ھىدايەتتىن توسىدىغان كۈچ يوق ئىدى. بىز سىلەرنى باتىل يولغا پەقەت دەۋەت قىلىپلا قويدۇق. سىلەر بىزگە ھېچقانداق دەلىل-پاكىتسىز ئەگەشتىڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ، ھەقنى قوبۇل قىلمىدىڭلار. بۈگۈن بىزنى گۇناھكار قىلامسىلەر؟ ۋەھالەنكى، سىلەر ھەممە ئىشنى ئۆز ئىرادەڭلار بويىچە قىلدىڭلار، شۇڭا بىز ئەمەس، ئۆزۈڭلار گۇناھكار.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ بَلۡ مَكۡرُ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ
إِذۡ تَأۡمُرُونَنَآ أَن نَّكۡفُرَ بِٱللَّهِ وَنَجۡعَلَ لَهُۥٓ أَندَادٗاۚ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّدَامَةَ
لَمَّا رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَۚ وَجَعَلۡنَا ٱلۡأَغۡلَٰلَ فِيٓ أَعۡنَاقِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۖ هَلۡ
يُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٣٣﴾ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّذِيرٍ
إِلَّا قَالَ مُتۡرَفُوهَآ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلۡتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٣٤﴾

***بوزەك قىلىنغانلار ھاكاۋۇر بولباشچىلارغا: «ياق! (سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكىر قىلىش ئىدى. سىلەر ھەمىشە بىزنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتىڭلار① » دەيدۇ. ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى يوشۇرىدۇ② ، كاپىرلارنىڭ بوينىلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز③ ، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ④ [33]. قانداقلا بىر شەھەرگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇ شەھەرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىننى قەتئىي ئىنكار قىلىمىز⑤ » دېدى [34].***

① بىز پەيغەمبەرلەرنى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئىنكار قىلغان

بولساق، ئاندىن گۇناھكار بولغان بولاتتۇق. ئەمەلىيەت شۇكى، سىلەر بىزنى گۇمراھ قىلىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ھىيلە ـ مىكىر قىلاتتىڭلار، بىزنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئىنكار قىلىشقا، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە تەرغىب قىلاتتىڭلار، نەتىجىدە بىز سىلەرگە ئەگىشىپ ئىماندىن مەھرۇم قالدۇق.

② يەنى ئۇلار بىر ـ بىرىگە گۇناھىنى ئارتىشقا ئۇرۇنىدۇ، لېكىن ھەر ئىككى پىرقە ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئۆز ئىچىدە بىلىدۇ. ئېخىمۇ كۆپ مالامەتكە قالماسلىق ئۈچۈن ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

③ يەنى ئۇلارنىڭ قوللىرى زەنجىرلەر بىلەن بويۇنلىرىغا باغلىنىدۇ.

④ يەنى ھەر ئىككى پىرقە قىلغان قىلمىشلىرىغا قارىتا جازالىنىدۇ. ئەگەشتۈرگۈچى رەھبەرلەرگە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ. ئەگەشكۈچىلەرگىمۇ قىلمىشىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر﴾. (سۈرە ئەئراف 38 ـ ئايەت).

⑤ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. مەككە كاتتىباشلىرى ۋە ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى ئىمان ئېيتماي، ساڭا ئازار بېرىۋاتىدۇ، بۇ يېڭى بىر ئىش ئەمەس، ھەر دەۋرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن. ھەربىر پەيغەمبەرگە ئاۋۋال ئىمان ئېيتقانلار جەمئىيەتتىكى ئاجىز ۋە پېقىر كىشىلەردىن بولغان ئىدى. مەسىلەن: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى پەيغەمبىرىگە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟﴾. (سۈرە شۇئەرا 111 ـ ئايەت) ﴿بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان، ھەمدە ساڭا ئارىمىزدىكى (چولتا پىكىرلىك) تۆۋەن تەبىقىنىڭ (يەنى پەس ئادەملەرنىڭ) ئويلانمايلا (يەڭگىللىك بىلەن) ساڭا ئەگەشكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز﴾. (سۈرە ھۇد 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). باشقا پەيغەمبەرلەرگىمۇ قەۋملىرى شۇنداق گەپلەرنى قىلغان. مەسىلەن: سۈرە ئەئراف 75 ـ، سۈرە ئەنئام 53 ـ، 133 ـ، سۈرە ئىسرا 16 ـ ئايەتلەردە. ﴿ مُتْـرَفُون ﴾ دۆلەتمەن ۋە ھوقۇقدار كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

وَقَالُواْ نَحۡنُ أَكۡثَرُ أَمۡوَٰلٗا وَأَوۡلَٰدٗا وَمَا نَحۡنُ بِمُعَذَّبِينَ ٣٥ قُلۡ إِنَّ
رَبِّي يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا
يَعۡلَمُونَ ٣٦ وَمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُكُم بِٱلَّتِي تُقَرِّبُكُمۡ عِندَنَا
زُلۡفَىٰٓ إِلَّا مَنۡ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ جَزَآءُ ٱلضِّعۡفِ
بِمَا عَمِلُواْ وَهُمۡ فِي ٱلۡغُرُفَٰتِ ءَامِنُونَ ٣٧

*ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ پۇل ـ ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابقا ئۇچرىمايمىز» دېدى① [35]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، رەببىم خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ②، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنىڭ بىر سىناق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ» [36]. سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسە سىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىڭلار ياكى بالىلىرىڭلار ئەمەس③، لېكىن كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا④، ئەنە شۇلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىلىدۇ⑤، ئۇلار (جەننەتتىكى) ئېسىل سارايلاردا خاتىرجەم ھالدا تۇرىدۇ [37].*

① يەنى ئۇلار: ئاللاھ تائالا بىزگە دۇنيادا كۆپ مال ـ مۈلۈك ۋە پەرزەنت ئاتا قىلدى، شۇڭا قىيامەت بولسىمۇ، بىزگە ئازاب بولمايدۇ، دېدى. گويا ئۇلار ئاخىرەتتىمۇ دۇنياغا ئوخشاش كاپىرغىمۇ ۋە مۆئمىنگىمۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى باراۋەر بېرىلىدىغان جاي دەپ ئويلاپ قالدى. ۋەھالەنكى، ئاخىرەت بولسا «دارۇلجازا» جازالايدىغان جاي. ئۇ يەردە دۇنيادا قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، يامان ئەمەللەرگە جازا بېرىلىدۇ. دۇنيا بولسا «دارۇلئىمتىھان» سىنايدىغان جاي. ئاللاھ تائالا دۇنيادا سىناش ئۈچۈن ھەممە بەندىلىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ياكى بولمىسا، ئۇلار دۇنيادا ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈك ۋە باياشاتلىقنى ئاللاھنىڭ رىزالىقىنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇۋالدى. ھالبۇكى، ئىش ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە ھەممىدىن كۆپ بايلىق ۋە ئەۋلاد ئاتا قىلغان بولاتتى.

② بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ مەزكۇر خاتا چۈشەنچىسىگە رەددىيە بېرىلىۋاتىدۇ. رىزىقنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ياكى نارازىلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بەلكى بۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ مال-دۇنيانى ياقتۇرغان بەندىسىگىمۇ بېرىدۇ، ياقتۇرمىغان بەندىسىگىمۇ بېرىدۇ. خالىغان كىشىنى باي قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى كەمبەغەل قىلىدۇ.

③ يەنى بۇ مال-مۈلۈك بىزنىڭ سىلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزنىڭ بەلگىسى ۋە دەلىلىمۇ ئەمەس. نە ئۇ سىلەرنىڭ دەرگاھىمىزدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشىدىغانلىقىڭلاردىن دېرەك بەرمەيدۇ.

④ يەنى بىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىمىزگە يەتكۈزىدىغان ۋە بىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە پەقەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تاشقى شەكلىڭلارغا ۋە مال-مۈلۈكۈڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ». (سەھىھ مۇسلىم **2564**-ھەدىس)

⑤ ھەتتا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىدۇ. يەنى ئۇلارغا بىر ياخشىلىق ئۈچۈن **10** ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ساۋاب بېرىدۇ.

وَٱلَّذِينَ يَسۡعَوۡنَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ٱلۡعَذَابِ
مُحۡضَرُونَ ﴿٣٨﴾ قُلۡ إِنَّ رَبِّي يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦ
وَيَقۡدِرُ لَهُۥۚ وَمَآ أَنفَقۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَهُوَ يُخۡلِفُهُۥۖ وَهُوَ خَيۡرُ
ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٣٩﴾ وَيَوۡمَ يَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعٗا ثُمَّ يَقُولُ لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ أَهَٰٓؤُلَآءِ
إِيَّاكُمۡ كَانُواْ يَعۡبُدُونَ ﴿٤٠﴾

***بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلۇشنى گۇمان قىلىپ، ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغانلارغا كەلسەك، ئۇلار ئازابقا ھازىر قىلىنىدىغانلاردۇر [38]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «شۈبھىسىزكى، رەببىم بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان ئادەمنىڭ***

***رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ①، سىلەر (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى بەرسەڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ②، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»③ [39]. ئۇ كۈندە (ئاللاھ ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ) ھەممىسىنى يىغىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «ئاشۇلار سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ④ [40].***

① ئاللاھ تائالا بەزىدە تەدرىجىي جازالاش ئۈچۈن، كاپىرغىمۇ كۆپ مال-مۈلۈك بېرىدۇ. بەزىدە بېرىلىدىغان ساۋابىنى كۆپەيتىپ بېرىش ئۈچۈن، مۇئمىننىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. شۇڭا، نوقۇل مال-مۈلۈكنىڭ كۆپ بېرىلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك مال-مۈلۈكنىڭ ئاز بېرىلگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ نارازىلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ. بۇ نۇقتا تەكىتلەش يۈزىسىدىن تەكرار كەلتۈرۈلدى.

② " إِخْلَافٌ " تۆلەپ بېرىش، ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىش، بەدىلىنى ئۆتەش دېگەن مەنىدە. ئورنىنى تولدۇرۇش دۇنيادىمۇ مۇمكىن بولىدۇ، ئاخىرەتتە شەكسىز بولىدۇ. بىر ھەدىس قۇددىسىدا «ئاللاھ تائالا بەندىسىگە: سەن مېنىڭ يولۇمدا بايلىقىڭنى سەرپ قىلغىن، مەن ساڭا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىمەن، دەيدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4684-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىگە ھەركۈنى ئىككى پەرىشتە ھەمراھ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ئى ئاللاھ! بېخىلنىڭ پۇل-مېلىنى ھالاك قىلغىن! دېسە، يەنە بىرى: ئى ئاللاھ! سېنىڭ يولۇڭدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغان كىشىگە ئۇنىڭ پۇل-مېلىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن! دەيدۇ» (سەھىھۇل بۇخارى 1442-ھەدىس)

③ ئەگەر بەندە بىراۋغا بىر نەرسە بەرسە، ئۇنىڭ بەرگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ شۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقى، ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن بەرگەن بولىدۇ. ھەقىقەتتە بۇ بەرگۈچى ئۇنىڭ رىزىق بەرگۈچىسى ئەمەس. شۇنىڭدەك ئاتا ئۆز بالىلىرىنىڭ كېپىلى ھېسابلىنىدۇ، رىزىق بەرگۈچىسى ئەمەس. پادىشاھمۇ لەشكەرلىرىنىڭ كېپىلى ھېسابلىنىدۇ، رىزىق بەرگۈچىسى ئەمەس. ھەقىقەتتە پادىشاھ، خەلق، چوڭ، كىچىك ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى پەقەت ھەممىنى ياراتقان ئاللاھ تائالادۇر. شۇ ۋەجىدىن بەندە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بايلىقتىن

بىراۋغا بىر نەرسە بەرسە، ئۇ پەقەت ئاللاھ بەرگەننى تەسەررۇپ قىلغۇچى بولىدۇ، رىزىق بەرگۈچى بولمايدۇ. ھەقىقىي رىزىق بەرگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. ئەمدى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئاتا قىلغان بايلىقتىن ئۆزىنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ خەجلىگەنگە ساۋاب بېرىشى بولسا، ئۇنىڭ پەزلى-كەرىمى ۋە مەرھەمىتىدۇر.

④ ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنى خالايىقنىڭ ئالدىدا خار ۋە زەلىل قىلىش ئۈچۈن، پەرىشتىلەردىن شۇنداق سورايدۇ. بۇ خۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان سوئالغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن مۇنداق سورايدۇ: ﴿ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە، ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىيسا ئېيتتى: «(ئى رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن﴾. (سۈرە مائىدە116-ئايەت) شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەردىنمۇ سورايدۇ: ﴿مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟يا (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ﴾. (سۈرە فۇرقان 17-ئايەت) يەنى ئاشۇ كىشىلەر سىلەرنىڭ بۇيرۇقۇڭلار بويىچە سىلەرگە ئىبادەت قىلغانمىدى؟

قَالُواْ سُبۡحَٰنَكَ أَنتَ وَلِيُّنَا مِن دُونِهِمۖ بَلۡ كَانُواْ يَعۡبُدُونَ ٱلۡجِنَّۖ أَكۡثَرُهُم بِهِم مُّؤۡمِنُونَ ﴿٤١﴾ فَٱلۡيَوۡمَ لَا يَمۡلِكُ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٖ نَّفۡعٗا وَلَا ضَرّٗا وَنَقُولُ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلنَّارِ ٱلَّتِي كُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿٤٢﴾ وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٖ قَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّا رَجُلٞ يُرِيدُ أَن يَصُدَّكُمۡ عَمَّا كَانَ يَعۡبُدُ ءَابَآؤُكُمۡ

*پەرىشتىلەر ئېيتىدۇ: «سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ ئىگىمىز ئۇلار ئەمەس، پەقەت سەن①. (ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى جىنغا چوقۇناتتى②. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئېتىقاد قىلاتتى» [41]. بۈگۈن سىلەر بىر - بىرىڭلارغا نە پايدا، نە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر③، بىز (مۇشرىك بولۇپ ئۆزىگە) زۇلۇم*

***قىلغانلارغا④: «سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار» دەيمىز [42]. ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلار: «بۇ پەقەت سىلەرنى ئاتا - بوۋاڭلار چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولغان ئادەمدۇر⑤» دېدى،***

① پەرىشتىلەرمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ پاكلىقىنى بايان قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇكى، بىز سېنىڭ بەندىلىرىڭ، بىزنىڭ ئىگىمىز پەقەتلا سەن، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز يوق.

② بۇ يەردىكى «جىنلار» دېگەندىن شەيتانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئەسلىدە ئۇلار شەيتانلارغا چوقۇناتتى. چۈنكى، شەيتانلار ئۇلارغا بۇتقا چوقۇنۇشنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى گۇمراھلىق يولغا باشلىغان ئىدى. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھنى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا چوقۇنىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغىلا چوقۇنىدۇ﴾. (سۈرە نىسا 117-ئايەت)

③ يەنى دۇنيادا سىلەر پايدا يەتكۈزىدۇ، شاپائەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن چوقۇنغان نەرسىلىرىڭلار بۈگۈن سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھالى بۈگۈنكى پىرلەرگە ۋە قەبرىلەردىكى بۇزرۇكلارغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. قىيامەت كۈنى پىرلەر ۋە قەبرىدىكى بۇزرۇكلار ھېچنەرسىگە ياردەم بېرەلمەيدۇ.

④ بۇ يەردىكى ئۆزىگە «زۇلۇم قىلغانلار» ئاللاھنىڭ غەيرىيگە چوقۇنغانلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش چوڭ زۇلۇمدۇر. مۇشرىكلار ھەممىدىن چوڭ زالىملاردۇر.

⑤ بۇ يەردىكى «ئادەم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. ئاتا-بوۋىلارنىڭ دىنى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە توغرا دىن ھېسابلىناتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «جىنايىتىنى» بايان قىلغاندا، ﴿بۇ پەقەت سىلەرنى ئاتا - بوۋاڭلار چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولغان ئادەمدۇر﴾ دېدى.

وَقَالُوا۟ مَا هَٰذَآ إِلَّآ إِفْكٌ مُّفْتَرًى ۚ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلْحَقِّ لَمَّا
جَآءَهُمْ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٤٣﴾ وَمَآ ءَاتَيْنَٰهُم مِّن كُتُبٍ
يَدْرُسُونَهَا ۖ وَمَآ أَرْسَلْنَآ إِلَيْهِمْ قَبْلَكَ مِن نَّذِيرٍ ﴿٤٤﴾ وَكَذَّبَ ٱلَّذِينَ
مِن قَبْلِهِمْ وَمَا بَلَغُوا۟ مِعْشَارَ مَآ ءَاتَيْنَٰهُمْ فَكَذَّبُوا۟ رُسُلِى ۖ فَكَيْفَ
كَانَ نَكِيرِ ﴿٤٥﴾ ۞ قُلْ إِنَّمَآ أَعِظُكُم بِوَٰحِدَةٍ ۖ أَن تَقُومُوا۟ لِلَّهِ مَثْنَىٰ
وَفُرَٰدَىٰ ثُمَّ تَتَفَكَّرُوا۟ ۚ مَا بِصَاحِبِكُم مِّن جِنَّةٍ ۚ

***ئۇلار يەنە: «بۇ (قۇرئان) توقۇلغان يالغان سۆزدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر»① دېدى. كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلار ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) يېتىپ كەلگەندە: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى② [43]. بىز ئۇلارغا (قۇرئاندىن ئىلگىرى) ئوقۇيدىغان ھېچقانداق كىتاب ئاتا قىلمىدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) مۇ ئەۋەتمىگەن ئىدۇق③ [44]. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغان ئىدى. بۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) ئىلگىرىكىلەر ئېرىشكەن (كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە بايلىق) نىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ ئېرىشكىنى يوق. ئىلگىرىكىلەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغان ئىدى. مېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق بولدى؟④ [45] (ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچىلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى ـ ئىككىدىن، ياكى بىر ـ بىردىن تۇرۇڭلار، ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار». ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دا ھېچبىر مەجنۇنلۇق يوق⑤***

① بۇ يەردىكى ئىككىنچى ﴿هَٰذَآ﴾ قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇلار قۇرئان كەرىمنى توقۇلما بوھتان، توقۇلغان يالغان سۆزدۇر، دەيدۇ.

② ئۇلار باشتا قۇرئان كەرىمنى توقۇلغان يالغان سۆز دېگەن ئىدى، بۇ يەردە ئوپئوچۇق سېھىردۇر، دېدى. باشتىكىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇقۇمى ۋە مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، كېيىنكىسى ئۇنىڭ مۆجىزىلىك ئۇسلۇبى، نەزمىي تەرتىپى، پاساھەت ۋە بالاغەتتىكى يۈكسەكلىكى بىلەن

مۇناسىۋەتلىكتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

③ شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئۆزلىرىگىمۇ بىر پەيغەمبەر كەلسىكەن، ئاسماندىن كىتاب نازىل بولسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە پەيغەمبەر كەلگەندە بولسا ئۇنى ئىنكار قىلدى.

④ بۇ يەردە مەككە كاپىرلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇ. سىلەر تاللىغان ئىنكار قىلىش يولى ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرمۇ ئەنە شۇنداق يولنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن، ھالاك بولۇپ كەتتى. ھالبۇكى، ئۇلار مال-مۈلۈك، كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە سىلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. سىلەر ئۇلارنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يېتەلمەيسىلەر. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇ مەزمۇن سۈرە ئەھقافنىڭ 26-ئايىتىدىمۇ بايان قىلىندى.

⑤ يەنى مەن سىلەرنى ھازىرقى پوزىتسىيەڭلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، شۇنداق نەسىھەت قىلماقچىمەنكى، سىلەر يەككە ھالدا ياكى ئىككىدىن بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، نەپسى خاھىشىڭلارغا بېرىلمەستىن، قارشى پىكىر قىلماستىن، سەمىمىيلىك بىلەن، بىر-بىرىڭلاردىن مۇھەممەد راست مەجنۇنمۇ ياكى ئەمەسمۇ دەپ سوراڭلار، مېنىڭ ھاياتىم ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ياشىدىم، مەن سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسىدە ۋە مەندە مەجنۇنلۇقنى ئىسپاتلايدىغان كىچىككىنە بىر بەلگە بارمۇ؟ ئەگەر سىلەر مەنمەنلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، تەپەككۇر قىلساڭلار، چوقۇم ھەمرايىڭلارنىڭ مەجنۇنلۇقتىن تولىمۇ يىراق ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.

إِنْ هُوَ إِلَّا نَذِيرٌ لَّكُم بَيْنَ يَدَيْ عَذَابٍ شَدِيدٍ ﴿٤٦﴾ قُلْ مَا سَأَلْتُكُم مِّنْ أَجْرٍ فَهُوَ لَكُمْ ۖ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ ۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ ﴿٤٧﴾ قُلْ إِنَّ رَبِّي يَقْذِفُ بِٱلْحَقِّ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ﴿٤٨﴾ قُلْ جَآءَ ٱلْحَقُّ وَمَا يُبْدِئُ ٱلْبَٰطِلُ وَمَا يُعِيدُ ﴿٤٩﴾

*ئۇ پەقەت قاتتىق ئازاب چۈشۈشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن*

***بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر① [46]. ئېيتقىنكى، «مەن (دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، (ئەگەر تەلەپ قىلغان بولسام) سىلەرنىڭ بولسۇن② . مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىشنى پەقەتلا ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» [47]. ئېيتقىنكى، «رەببىم، ھەقىقەتەن ھەق (راست ۋەھيي)نى چۈشۈرىدۇ③، ئاللاھ غەيبنى تولۇق بىلگۈچىدۇر» [48]. ئېيتقىنكى، «ھەق (يەنى ئىسلام) كەلدى (باتىل يوقالدى)، باتىل (بىرەر نەرسىنى) پەيدا قىلالمايدۇ، ئەسلىگىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ»④ [49].***

① يەنى ئۇ پەقەت سىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇ باشلىغان توغرا يولدا ماڭمىغان ئەھۋالدا، سىلەرگە نازىل بولىدىغان قاتتىق ئازابتىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس بار: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «ئى سەباھا!» دەپ توۋلىدى. بۇنى ئاڭلىغان قۇرەيش ئەھلى ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر سىلەرگە دۈشمەنلەر ئەتىگەندە ياكى ئاخشامدا ئۈستۈڭلارغا باستۇرۇپ كېلىدۇ دەپ خەۋەر قىلسام، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى، سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇلەھەب: قولۇڭ قۇرۇپ كەتسۇن! بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يىغدىڭمۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: ]﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى﴾. (سۈرە لەھەب 1-ئايەت) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4801-ھەدىس)

② مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئۆزىنىڭ غەرەزسىزلىكىنى ۋە دۇنيانىڭ مال-مۈلۈكىگە ئېرىشىشكە قىزىقمايلىقىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، كىشىلەرنىڭ ئۇنى پۇل-مال توپلاش ئۈچۈن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىۋاتقانمىكىن دەيدىغان شەك-شۈبھىسى بولسا، ئۇنى يوق قىلىش ئىدى.

③ " قَذَفَ"نىڭ مەنىسى ئوق ئاتماق، تاشلىماق، دىلغا قورقۇنچ

سالماق، تۆھمەت قىلماق بولۇپ، يەنە سۆز قىلماق دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئىككىنچى مەنە ئېلىنغان يەنى ئاللاھ ھەق سۆزنى قىلىدۇ، پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيي چۈشۈرىدۇ. ئۇلار ئارقىلىق كىشىلەرگە ھەقنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاللاھ ئۆز ھۆكمى بويىچە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ۋەھيي چۈشۈرىدۇ﴾. (سۈرە مۇئمىن 15-ئايەت) يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى: ﴿رەببىم ھەقىقەتنى (باتىلنى ۋە ھەرقانداق سەپسەتىنى) ھەقىقەت بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ﴾.

④ بۇ يەردىكى «ھەق» قۇرئاننى كۆرسىتىدۇ. «باتىل» كۇفرىلىق ۋە شېرىكنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تەرەپتىن ئۇنىڭ دىنى ۋە قۇرئانى كەلدى، شۇنىڭ بىلەن باتىل ئۆچتى ۋە يوقالدى، ئەمدى باتىل باش كۆتۈرەلمەيدىغان ھالغا كەلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بەلكى بىز ھەقنى باتىلغا ئاتىمىز (ھۇجۇم قىلىمىز)، ھەق باتىلنىڭ مېڭىسىنى ئېزىۋېتىدۇ، باتىل شۇ ھامان تۈزۈپ كېتىدۇ (يوقىلىدۇ)﴾. [(سۈرە ئەنبىيا 18-ئايەت) ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى بولغان كۈنى كەبىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، تۆت تامغا تىكلەكلىك بۇتلارنى ئوقياسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ: ﴿ھەق (دىن) كەلدى، باتىل يوقالدى﴾ (سۈرە ئىسرا 81-ئايەت)نى ئوقۇغان ئىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4287-ھەدىس)

قُلۡ إِن ضَلَلۡتُ فَإِنَّمَآ أَضِلُّ عَلَىٰ نَفۡسِيۖ وَإِنِ ٱهۡتَدَيۡتُ فَبِمَا يُوحِيٓ
إِلَيَّ رَبِّيٓۚ إِنَّهُۥ سَمِيعٞ قَرِيبٞ ﴿٥٠﴾ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذۡ فَزِعُواْ فَلَا فَوۡتَ
وَأُخِذُواْ مِن مَّكَانٖ قَرِيبٖ ﴿٥١﴾ وَقَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِهِۦ وَأَنَّىٰ لَهُمُ ٱلتَّنَاوُشُ
مِن مَّكَانِۭ بَعِيدٖ ﴿٥٢﴾

*ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن (ھەق يولدىن) ئېزىپ كەتسەم، ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى پەقەت ئۆزۈمگىدۇر، ئەگەر مەن ھىدايەت تاپسام، (بۇ) رەببىم ماڭا ۋەھيي قىلغان (قۇرئاننىڭ) سەۋەبىدىندۇر① . شەكسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە دېگەنلىرىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر②» [50]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (قىيامەت*

*كۈنى) قورقۇپ قاچىدىغان يەر تاپالمايۋاتقان، دوزاخقا يېقىن بىر جايدا تۇتۇلغان ۋاقتىنكى ھالىنى بىر كۆرسەڭ (ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرگەن بولاتتىڭ)③ [51]. ئۇلار (ئازابنى كۆرگەن چاغدىلا): «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئۇلار (ئاخىرەتنى ئىبارەت) يىراق جايدا تۇرۇپ (دۇنيادىكى) ئىماننى قانداقمۇ قولغا كەلتۈرەلەيدۇ④ [52].*

① يەنى ھەممە ياخشىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن، ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھيىدىن ۋە روشەن ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ھىدايەت ۋە توغرا يول بار، كىشىلەر توغرا يولنى ئۇنىڭدىنلا تاپىدۇ. كىمكى ئازىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ كەمچىلىكى ۋە ھاۋايى نەپسىگە ئەگەشكەنلىكىدىن ئازغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ۋابالىمۇ ئۆزىگە بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىدىن سورالغان مەسىلىگە جاۋاب بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: «مەن بۇ مەسىلىدە ئۆز قارىشىم بويىچە سۆزلەيمەن. ئەگەر ئېيتقانلىرىم توغرا بولسا، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا ئاتا قىلغان پەزلىدىن. ئەگەر خاتا بولسا، ئۇ ئۆزۈمنىڭ خاتالىقى ۋە شەيتاننىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىدىندۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مېنىڭ خاتالىقلىرىمدىن ئادا-جۇدادۇر (پاكتۇر)». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەر گاس ياكى يوق نەرسىنى چاقىرىۋاتمايسىلەر. سىلەر دۇئايىڭلارنى ئاڭلايدىغان، سىلەرگە يېقىن ۋە دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدىغان زاتنى چاقىرىۋاتىسىلەر». (سەھىھۇل بۇخارى 6384-ھەدىس)

③ بۇ مەھشەر مەيدانىدىكى ئەھۋالنىڭ تەسۋىرىدۇر. ﴿فَلَا فَوْتَ﴾ ئۇلار ھېچ يەرگە قاچالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار مەھشەرگاھتا ئاللاھ تائالانىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ.

④ ﴿تَنَاوُشُ﴾ " تَنَاوُلُ " بىر نەرسىنى قولغا كەلتۈرمەك، ئېرىشمەك دېگەن مەنىدە. يەنى ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئىماندىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى. ئەمدى ئاخىرەتتە ئىماننى قولغا كەلتۈرۈش ئۇلارغا قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ چۈنكى ئۇلار ئىمان قوبۇل قىلىنىدىغان جاي بولغان دۇنيادىن يىراقلاپ، ئاخىرەت يۇرتىغا كېلىپ بولدى. خۇددى يىراقتىكى نەرسىنى قول سوزۇپ ئېلىش مۇمكىن بولمىغاندەك، يىراق دۇنيادا قوبۇل قىلمىغان ئىماننى ئاخىرەتتە قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەستۇر.

وَقَدْ كَفَرُواْ بِهِۦ مِن قَبْلُ ۖ وَيَقْذِفُونَ بِٱلْغَيْبِ مِن مَّكَانٍۭ
بَعِيدٍ ﴿٥٣﴾ وَحِيلَ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ مَا يَشْتَهُونَ كَمَا فُعِلَ بِأَشْيَاعِهِم
مِّن قَبْلُ ۚ إِنَّهُمْ كَانُواْ فِى شَكٍّۭ مُّرِيبٍۭ ﴿٥٤﴾

*ئۇلار ئىلگىرى ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلغان ئىدى. ئۇلار غەيب (ئىشلىرى) توغرۇلۇق يىراق جايدىن (ھېچ نەرسە بىلمەي تۇرۇپ) قارىسىغا سۆزلەپ يۈرەتتى① [53]. ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىسى (يەنى ئىمان ئېيتىش ۋە جەننەتكە كىرىش) ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىندۇ② ، ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىغىمۇ شۇنداق قىلىنغان ئىدى③ . ھەقىقەتەن ئۇلار (مۇ ئىلگىرىكىلەردەك، ئاخىرەت توغرۇلۇق) چوڭقۇر شەكتە ئىدى④ . [54].*

① يەنى ئۇلار ئۆز گۇمانىچە قىيامەت يوق، ھېساب ئېلىنىدىغان ئىش يوق دەپ يۈرەتتى ياكى ئۇلار قۇرئان كەرىمنى سېھىر، توقۇلما يالغان، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى دەيتتى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شائىر، كاھىن، سېھىرگەر، مەجنۇن دەيتتى. ۋەھالەنكى، ئۇلاردا بۇ ھەقتە ھېچقانداق بىر دەلىل يوق ئىدى.

② يەنى ئاخىرەتتە ئۇلار ئىمان ئېيتىشنى، ئۇنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ۋە ئازابتىن نىجاتلىق تېپىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ خاھىشى ئارىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىنىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئارزۇ-خاھىشلىرى رەت قىلىنىدۇ.

③ يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئازابنى كۆرگەن ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمانىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان ئىدى.

④ شۇڭا ئەمدى ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىمانى قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن؟ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «شەك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىڭلار! كىمكى شەك ئۈستىدە ئۆلىدىكەن، قىيامەت كۈنى شۇ شەك ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلىدۇ. كىمكى ئىشەنچ ئۈستىدە ئۆلىدىكەن، ئۇ قىيامەت كۈنى ئىشەنچ ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلىدۇ». (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

# سۈرە فاتىر

| (٣٥) سورة فاطر مكية ٤٥ آية | (35) سۈرە فاتىر مەككىدە چۈشكەن 45 ئايەت |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ جَاعِلِ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلًا أُوْلِيٓ
أَجۡنِحَةٖ مَّثۡنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَۚ يَزِيدُ فِي ٱلۡخَلۡقِ مَا يَشَآءُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ
كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١ مَّا يَفۡتَحِ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ مِن رَّحۡمَةٖ فَلَا مُمۡسِكَ
لَهَاۖ وَمَا يُمۡسِكۡ فَلَا مُرۡسِلَ لَهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ
ٱلۡحَكِيمُ ٢

***جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (دەسلەپتە) ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى① ، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى② ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھ ياراتقىنىدا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ③ ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [1]. ئاللاھ ئىنسانلارغا قانداقلا بىر رەھمەتنى ئاچسا ئۇنى ھېچبىر توسۇپ قالغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ قانداق بىر نەرسىنى توسۇپ قالسا، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى ھېچبىر قويۇپ بەرگۈچى يوقتۇر④ . ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [2].***

① ﴿فَاطِرِ﴾نىڭ مەنىسى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، ئىختىرا قىلغۇچى، ھەممىدىن بۇرۇن بىر نەرسىنى ئىجاد قىلغۇچى، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگۈچى دېمەكتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئاسمان ۋە زېمىننى ئىلگىرى ھېچبىر ئۆرنەك بولماستىن يوقتىن بار قىلغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈش قانچىلىك مۇشكۇل ئىش ئىدى؟

② بۇلاردىن جىبرىل، مىكائىل، ئىسرافىل ۋە ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرۈلىدىغان ۋەھيىنى تېز يەتكۈزۈش ۋە يەنە باشقا ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش ئۈچۈن ياراتقان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى قاناتلىق، بەزىلىرى ئۈچ قاناتلىق، بەزىلىرى تۆت قاناتلىق بولۇپ، ئۇلار شۇ قاناتلىرى بىلەن ئۇچۇپ زېمىنغا چۈشىدۇ ۋە زېمىندىن ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ.

③ يەنى ئاللاھ مەخلۇقاتلىرىدا خالىغان ئەزالارنى زىيادە قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ياراتقانلىرى ئىچىدە قاناتلىرى تۆتتىن ئارتۇق بولغان پەرىشتىلەرمۇ بار. مەسىلەن: بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئىسرا كېچىسى (يەنى مىراج كېچىسى) جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىي ھالىتىدە كۆردۈم. ئۇنىڭ 600 قانىتى بار ئىكەن. ھەر ئىككى قانىتىنىڭ ئارىلىقى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭ ئىكەن». (سەھىھۇل بۇخارى 4856-ھەدىس) بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿ئاللاھ ياراتقىنىدا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ﴾ دېگەننى ئومۇمىي مەنىدە ئېلىپ، ئۇنىڭغا كۆز، يۈز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىقلارنى گۈزەل بىر شەكىلدە ياراتقانلىقىمۇ كىرىدۇ، دەيدۇ.

④ ئەنە شۇ رەھمەتنىڭ جۈملىسىدىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكى ۋە كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىدۇر. يەنى ھەر نەرسىنى ئاتا قىلغۇچىمۇ پەقەت ئاللاھتۇر، قايتۇرۇپ ئالغۇچىمۇ ياكى توختىتىپ قويغۇچىمۇ پەقەت ئاللاھتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بەرگۈچى ۋە نېمەت ئاتا قىلغۇچى ئەمەس. نە چەكلەپ قويغۇچى ۋە توختىتىپ قويغۇچىمۇ ئەمەس. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! سەن ئاتا قىلغان نەرسىنى ھېچبىر توسۇپ قالغۇچى يوق، سەن توسقان نەرسىنى ھېچبىر ئاتا قىلغۇچى يوق». (سەھىھ مۇسلىم 593-ھەدىس)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡۚ هَلۡ مِنۡ خَٰلِقٍ غَيۡرُ
ٱللَّهِ يَرۡزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَأَنَّىٰ تُؤۡفَكُونَ ٣
وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدۡ كُذِّبَتۡ رُسُلٞ مِّن قَبۡلِكَۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ
ٱلۡأُمُورُ ٤

***ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار (يەنى تىلىڭلار، دىلىڭلار ۋە ئەمەلىڭلار بىلەن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار)، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان بىرەر ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا) سىلەر قانداقمۇ (بۇ ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟① [3]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سېنى ئىنكار قىلسا (قايغۇرۇپ كەتمىگىن)، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان ئىدى. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ② [4].***

① يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقى شۇ قەدەر ئېنىق ۋە روشەن بايان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئىبادەت قىلامسىلەر؟ ﴿تُؤۡفَكُونَ﴾دىكى پېئىلنىڭ ئەسلىي سۆز تومۇرى «أَفَكَ»دىن كەلگەن بولسا، مەنىسى ئايلانماق، چۆرگىلىمەك بولىدۇ. يەنى نەدە ئايلىنىپ يۈرىسىلەر؟ ئەگەر «إِفْكٌ»دىن كەلگەن بولسا، مەنىسى يالغان ئېيتىش بولىدۇ. يالغان ئېيتىش راستتىن بۇرۇلغانلىق بولىدۇ. دېمەك سىلەر ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! بۇلار سېنى ئىنكار قىلىپ نەگە بارالايدۇ؟ ئاخىرى قايتىدىغان جاي بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. بارلىق ئىشلار ھەققىدىكى ئاخىرقى ھۆكۈمنى پەقەت بىز چىقىرىمىز. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ئاخىرى ھالاكەتتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. ئەگەر بۇ مۇشرىكلارمۇ سېنى ئىنكار قىلىشتىن

يانمىسا، ئۇلارنىمۇ ھالاك قىلىۋېتىش بىزگە قىيىن ئەمەس.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا وَلَا
يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ٥ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَٱتَّخِذُوهُ
عَدُوًّاۚ إِنَّمَا يَدْعُوا۟ حِزْبَهُۥ لِيَكُونُوا۟ مِنْ أَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ٦
ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ ٧ أَفَمَن زُيِّنَ لَهُۥ سُوٓءُ
عَمَلِهِۦ فَرَءَاهُ حَسَنًاۖ

*ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر①، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا ھاياتى ئالداپ قويمىسۇن②، ئۇ ئالدامچى (شەيتان) سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن) ئالداپ كەتمىسۇن③ [5]. شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، سىلەرمۇ ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار④، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ گۇرۇھىنى دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشقا چاقىرىدۇ [6]. (ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان) كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات بار⑤ [7]. ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان ئادەم (ھىدايەت تاپقان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟)⑥*

① ۋەدە قىلىنغان قىيامەت جەزمەن بولىدۇ. قىيامەتتە ياخشىلارغا مۇكاپات، يامانلارغا جازا بېرىلىدۇ.

② يەنى ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە سالىھ بەندىلىرىگە ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە تەييارلىغان نېمەتلەردىن غەپلەتتە قالدۇرۇپ قويمىسۇن. مەقسەت دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق راھەت-پاراغىتىگە چۆكۈپ كېتىپ، ئاخىرەتنىڭ دائىملىق راھىتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭلار.

③ يەنى شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە ئالدامچىلىقىدىن ساقلىنىڭلار.

چۈنكى، ئۇ تولىمۇ يالغانچى ۋە ئالدامچىدۇر. ئۇنىڭ مەقسىتى سىلەرنى ئازدۇرۇپ جەننەتكە كىرىشتىن مەھرۇم قالدۇرۇشتۇر. بۇ نۇقتا سۈرە لوقمان 33 ـ ئايەتتىمۇ بايان قىلىندى.

④ يەنى ئۇنىڭغا بولغان دۈشمەنلىكىڭلار ۋە ئاداۋىتىڭلار قاتتىق بولسۇن. ئۇنىڭ ئالدامچىلىقى، ۋەسۋەسىلىرى ۋە نەيرەڭلىرىدىن دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئېھتىيات قىلىڭلار. يەنە بىر سۈرىدە بۇ نۇقتا مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۇچۇن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن يامان!)﴾. (سۈرە كەھف 50ـ ئايەت)

⑤ مۇئمىنلەر ھېچ ۋاقىت ياخشى ئەمەلدىن غەپلەتتە قالمىسۇن دەپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىمۇ باشقا ئايەتتىكى مەزمۇنلارغا ئوخشاش ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنى بىللە تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. چۈنكى، ياخشى ئەمەل بىلەن بىللە كەلگەن ئىمانغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات ۋەدە قىلىنغاندۇر.

⑥ مەسىلەن: كاپىرلار ۋە پاسىقلار كۇفرى، شېرىك، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىپ، ئۆزلىرىنى توغرا ئىش قىلدۇق دەپ ھېسابلايدۇ. سەندە ئاللاھ گۇمراھ قىلغان مۇشۇنداق كىشىنى قۇتقۇزىدىغان چارە ـ تەدبىر بارمۇ؟ ياكى مۇشۇنداق گۇمراھ ئادەم ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەم بىلەن باراۋەر بولالامدۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە ياق.

فَإِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۖ فَلَا تَذۡهَبۡ نَفۡسُكَ عَلَيۡهِمۡ حَسَرَٰتٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِمَا يَصۡنَعُونَ ٨ وَٱللَّهُ ٱلَّذِيٓ أَرۡسَلَ ٱلرِّيَٰحَ فَتُثِيرُ سَحَابٗا فَسُقۡنَٰهُ إِلَىٰ بَلَدٖ مَّيِّتٖ فَأَحۡيَيۡنَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَاۚ كَذَٰلِكَ ٱلنُّشُورُ ٩ مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلۡعِزَّةَ فَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ جَمِيعًاۚ

*شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان كىشىنى*

***توغرا يولغا باشلايدۇ①. شۇڭا، سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋەتمىگىن②، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر③ [8]. ئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىپ (ئۇنىڭ بىلەن) بۇلۇتنى قوزغايدىغان زاتتۇر. بىز بۇلۇتلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراق) بىر يەرگە ھەيدەيمىز ـ دە، (يامغۇر ياغدۇرىمىز). شۇ يامغۇر بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىمىز. ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ④ [9]. كىمكى ئىززەتلىك بولۇشنى خالىسا، (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن). چۈنكى، ئىززەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر)⑤.***

① ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئادالىتى بىلەن ئەزەلدىن يۈرگۈزۈپ كەلگەن قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىزچىل تۈردە يامانلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنى شۇنىڭغا لايىق قىلغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى-كەرىمى بىلەن ھىدايەت تەلەپ قىلىدىغانلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

② چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەر قانداق ئىشنى ھېكمەت بىلەن ۋە مۇكەممەل ئىلمىگە ئاساسەن قىلىدۇ. شۇڭا، سەن گۇمراھ بولغانلارغا ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۈۋالمىغىن.

③ يەنى ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئىشى ياكى سۆزى ئاللاھ تائالاغا مەخپىي ئەمەس. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ دۇنيا پادىشاھلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۆز ھوقۇقلىرىنى مەقسەتسىز ۋە قالايمىقان قوللىنىدۇ. گاھى سالام قىلسىمۇ نارازى بولۇپ كېتىدۇ. گاھى ھاقارەت قىلغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

④ خۇددى بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، قۇرغاق (ئۆلۈك) زېمىننى كۆكەرتكەندەك (تىرىلدۈرگەندەك)، قىيامەت كۈنى بارلىق ئۆلۈك ئىنسانلارنىمۇ بىز تىرىلدۈرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەۋلادىنىڭ قۇيرۇق سۆڭىكىدىن باشقا ھەممە يېرى چىرىپ تۈگەيدۇ، ئۇ قۇيرۇق سۆڭىكىدىن باشلاپ يارىتىلغان، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن باشلاپ تىرىلدۈرۈلىدۇ» (سەھىھۇل بۇخارى

4814ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2955ـ ھەدىس)

⑤ يەنى كىمكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىززەتلىك بولۇشنى خالىسا، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. چۈنكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھى ئاللاھ تائالادۇر. ئىززەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇ كىمگە ئىززەت ئاتا قىلسا، شۇ ئەزىز بولىدۇ. ئۇ كىمنى خار قىلسا، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنىڭغا ئىززەت بېرەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار مۇئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت (ۋە قۇدرەت) تەلەپ قىلامدۇ؟ (يەنى كاپىرلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر﴾. (سۈرە نىسا 139ـ ئايەت)

إِلَيۡهِ يَصۡعَدُ ٱلۡكَلِمُ ٱلطَّيِّبُ وَٱلۡعَمَلُ ٱلصَّٰلِحُ يَرۡفَعُهُۥۚ وَٱلَّذِينَ يَمۡكُرُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞۖ وَمَكۡرُ أُوْلَٰٓئِكَ هُوَ يَبُورُ ١٠ وَٱللَّهُ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٖ ثُمَّ مِن نُّطۡفَةٖ ثُمَّ جَعَلَكُمۡ أَزۡوَٰجٗاۚ وَمَا تَحۡمِلُ مِنۡ أُنثَىٰ وَلَا تَضَعُ إِلَّا بِعِلۡمِهِۦۚ

*ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ①، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ②، (ھىيلە ـ مىكىر بىلەن) يامان ئىشلارغا پىلان تۈزىدىغانلار③ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىتچىت بولىدۇ④ [10]. ئاللاھ سىلەرنى (يەنى ئەسلىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىيدىن ياراتتى⑤. ئاندىن سىلەرنى (ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت) جۈپلەر قىلدى، ھېچقانداق بىر ئايالنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس⑥،*

① ﴿الْـكَلِمُ﴾ «كَلِمَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ياخشى سۆز دېگەن مەنىدە. بۇ «ياخشى سۆز»گە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ھەمدۇسانا ئوقۇش، تەسبىھ ئېيتىش، قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش،

ياخشىلىقتا بۈيرۈش، يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىقلار كىرىدۇ. «ئۆرلەيدۇ» دېگەن قوبۇللۇق دەرىجىسىگە ئۆرلەيدۇ ياكى پەرىشتىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاللاھنىڭ مۇكاپاتى بېرىشى، ئۇچۇن ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

② ﴿ئۇنى كۆتۈرىدۇ﴾دىكى چۈشۈم كېلىش ئالماش «ئۇنى» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش بار. بىرىنچىسى: ﴿الْكَلِمُ الطَّيِّبُ﴾ «ياخشى سۆزنى» كۆرسىتىدۇ. يەنى، ياخشى ئەمەل ياخشى سۆزنى ئاللاھ تەرەپكە كۆتۈرىدۇ. يەنى تىل بىلەن ئېيتقان زىكىر-تەسبىھلەر بىلەن ياخشى ئەمەل بىرگە كەلمىسە، يەنى ماس ھالدا ئەھكام ۋە پەرزلەرمۇ ئادا قىلىنمىسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچىسى: ﴿كۆتۈرىدۇ﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى ئاللاھ ئۆزىدۇر. دېمەك ئاللاھ تائالا ياخشى ئەمەلنى ياخشى سۆزنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرىدۇ. چۈنكى، ياخشى ئەمەلنى قىلىش بىلەن كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا زىكىر-تەسبىھ ئېيتىشتىكى سەمىمىيلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) دېمەك، ئەمەلسىز ياخشى سۆزنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قىممىتى يوقتۇر.

③ مەخپىي شەكىلدە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان سۈيىقەست «مىكىر» دەپ ئاتىلىدۇ. كۇفۇرلۇق ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشمۇ مىكىر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ يولىغا نۇقسان يەتكۈزگەنلىك، دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ. مەككە ئەھلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى قىلغان سۈيىقەستلىرىمۇ مىكىردۇر. رىياخورلۇقمۇ مىكىر ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى مىكىر ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولۇپ، بارلىق مىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

④ يەنى ئۇلارنىڭ مىكىرلىرىمۇ بەربات بولىدۇ، ئۇ مىكىرلەرنىڭ ۋابالىمۇ مىكىر قىلغانلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھىيلە-مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ﴾. (سۈرە فاتىر 43-ئايەت)

⑤ يەنى دەسلەپتە ئاتا-ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانىي ئەرنىڭ ئومۇرتقىسىدىن چىقىپ ئايالنىڭ رەھمىگە كىرىدىغان ئابمەنىيدىن ياراتتى.

⑥ يەنى ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئاللاھ تائالاغا مەخپىي قالمايدۇ، ھەتتا ﴿(دەرەختتىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾. (سۈرە ئەنئام 59 ـ ئايەت)

وَمَا يُعَمَّرُ مِن مُّعَمَّرٍ وَلَا يُنقَصُ مِنْ عُمُرِهِۦٓ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ ۚ إِنَّ
ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿١١﴾ وَمَا يَسْتَوِى ٱلْبَحْرَانِ هَٰذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ
سَآئِغٌ شَرَابُهُۥ وَهَٰذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ ۖ وَمِن كُلٍّ تَأْكُلُونَ لَحْمًا طَرِيًّا
وَتَسْتَخْرِجُونَ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا ۖ وَتَرَى ٱلْفُلْكَ فِيهِ مَوَاخِرَ لِتَبْتَغُوا۟
مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٢﴾ يُولِجُ ٱلَّيْلَ فِى ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ
ٱلنَّهَارَ فِى ٱلَّيْلِ وَسَخَّرَ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ يَجْرِى لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ
ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ ٱلْمُلْكُ ۚ وَٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِهِۦ مَا
يَمْلِكُونَ مِن قِطْمِيرٍ ﴿١٣﴾

***ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) يېزىلغان①. شەكسىزكى، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر [11]. ئىككى دېڭىز (يەنى دېڭىز بىلەن دەريا) ئوخشاش ئەمەس. بۇنىڭ (يەنى دەريانىڭ) سۈيى تاتلىق، تەملىك ۋە ئىچىشلىكتۇر، بۇنىڭ (يەنى دېڭىزنىڭ) سۈيى ناھايىتى ئاچچىق ۋە تۇزلۇقتۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن (دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت) يېڭى - يېڭى گۆشلەرنى (يەنى بېلىقلارنى) يەيسىلەر ۋە سىلەر تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنى (يەنى ئۈنچە - مارجانلارنى دېڭىزدىن) چىقىرىسىلەر، (ئى پەيغەمبەر!) سەن (يۈك - تاق، يېمەك - ئىچمەكلەر قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (نېسىۋەڭلەرنى) ئىزدىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر② [12]. ئاللاھ كېچىنى***

*كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى جايلار، پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە) سەير قىلىدۇ، ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر③، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار خورما ئۇرۇقىنىڭ قاسىرىقىچىلىك نەرسىگىمۇ ئىگە ئەمەس④ [13].*

① دېمەك ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. يەنە ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارمۇ بار. ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش قاتارلىق ساخاۋەت ئىشلىرى ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭدەك گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئۆمۈرنىڭ قىسقا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى 70 يىل بولغان بولسا، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان ئەمەللەرنىڭ سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. بەزىدە ئۆمۈرنى قىسقارتىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان. شۇ ۋەجىدىن ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى سۈرە ئەئراف 34 ـ ئايەتتىكى ﴿ھەر ئۇممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ، (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ﴾ دېگەن بايانغا زىت كەلمەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئۇقۇمنى: ﴿ئاللاھ (ئەھكاملاردىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾ دېگەن ئايەت تەكىتلەيدۇ (سۈرە رەئد 39 ـ ئايەت). (فەتھۇلقەدىر)

② ئاللاھ تائالانىڭ دېڭىز سۈيىنى تۇزلۇق قىلىپ يارىتىشىدا كۆپ ھېكمەتلەر بار. تاتلىق سۇ ئۇزۇن مۇددەت بىر يەردە تۇرسا، بۇزۇلۇپ قالىدۇ، تەمى، رەڭگى، پۇرىقى ئۆزگىرىدۇ. تۇزلۇق سۇ بۇزۇلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ دېڭىزلاردىكى تۇزنىڭ مىقدارىنى شۇنداق ئۆلچەملىك تەڭشىگەنكى، ئۇنىڭ سۈيىدە ئازراقمۇ سېسىق پۇراق پەيدا بولمايدۇ. دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن ھاۋامۇ ساپ، سۈيىمۇ پاك، ھەتتا ئۇنىڭدا ئۆلۈپ

قالغان جانلىقلارمۇ ھالالدۇر. بۇ نۇقتا سۈرە فۇرقان 53-ئايەتنىڭ شەرھىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى. ﴿مَوَاخِرَ﴾ دولقۇنلارنى يېرىپ ماڭىدىغان كېمىلەرنى كۆرستىدۇ.

③ يەنى بۇ پايانسىز كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادۇر.

④ يەنى ئۇ نەرسىلەر شۇ قەدەر كىچىك نەرسىگىمۇ ئىگە ئەمەس، نە ئۇنى يارىتىشقىمۇ قادىر ئەمەس. ﴿قِطْمِيرٍ﴾ خورما ئۇرۇقىدىكى نېپىز پوستىنى كۆرستىدۇ. خورمىنىڭ بۇ نېپىز پوستى ئۇرۇقنى لىپپىدەك يۆگەپ تۇرىدۇ.

إِن تَدۡعُوهُمۡ لَا يَسۡمَعُواْ دُعَآءَكُمۡ وَلَوۡ سَمِعُواْ مَا ٱسۡتَجَابُواْ لَكُمۡۖ
وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكۡفُرُونَ بِشِرۡكِكُمۡۚ وَلَا يُنَبِّئُكَ مِثۡلُ خَبِيرٖ ﴿١٤﴾
۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ أَنتُمُ ٱلۡفُقَرَآءُ إِلَى ٱللَّهِۖ وَٱللَّهُ هُوَ ٱلۡغَنِيُّ ٱلۡحَمِيدُ ﴿١٥﴾
إِن يَشَأۡ يُذۡهِبۡكُمۡ وَيَأۡتِ بِخَلۡقٖ جَدِيدٖ ﴿١٦﴾ وَمَا ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ
بِعَزِيزٖ ﴿١٧﴾

*ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ①، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاپ قايتۇرالمايدۇ②، قىيامەت كۈنى ئۇلار سىلەرنىڭ (ئاللاھقا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ③، (بۇ ھەقىقەتلەرنى) ھېچكىم ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى ئاللاھتەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ④ [14]. ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر⑤، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر⑤، مەدھىيىگە لايىقتۇر⑦ [15]. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ⑧ [16]. بۇ ئاللاھقا قىيىن ئەمەس [17].*

① يەنى سىلەر ئۇلارنى مۈشكۈللۈككە يولۇققاندا چاقىرساڭلار، چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار جانسىز مۇردىلار، تۇپراققا

كۆمۈلگەن ئۆلۈك جىسىملاردۇر.

② ئەگەر ئۇلارنى ئاڭلىدى دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ھېچ پايدىسى يوق. چۈنكى، ئۇلار سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلارنى بەجا كەلتۈرەلمەيدۇ.

③ ئۇ چوقۇنۇلغۇچىلار ئېيتىدۇ: ﴿سىلەر بىزگە چوقۇنمايتتىڭلار﴾. (سۈرە يۇنۇس 28 - ئايەت) كېيىنكى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ ﴿سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنۇشۇڭلاردىن بىز خەۋەرسىز ئىدۇق﴾. (سۈرە يۇنۇس 29 - ئايەت) بۇ ئايەتتىن يەنە بىر نۇقتا مەلۇم بولىدىكى، چوقۇنۇلغۇچىلار پەقەت بۇتلارلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقىللار (پەرىشتىلەر، جىنلار، شەيتانلار، سالىھلار) مۇ بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە باشقىلارنىڭ چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنىڭدىن يەنە بىر مۇھىم نۇقتا ئايان بولىدىكى، ئۇلاردىن ھاجەت راۋا قىلىشنى تىلەش شېرىكتۇر.

④ چۈنكى ئۇنىڭدا بار مۇكەممەل ئىلىم ھېچكىمدە يوقتۇر. ئاللاھ ئۆزى بارلىق ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى ۋە ماھىيىتىنى بىلىدۇ، ھەتتا چاقىرىلغۇچى مەبۇدلارنىڭ ئىختىيارسىزلىقى، چاقىرىقنى ئاڭلىمايدىغانلىقى، قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ چاقىرىلغانلىقى ۋە چوقۇنۇلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىمۇ ئاللاھنىڭ بىلىش دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئەلۋەتتە.

⑤ بۇ ئايەتتىكى خىتاب قىلىنغان «ئىنسانلار» ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ خىتابقا بارلىق ئىنسانلار ھەتتا پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارمۇ كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا موھتاجدۇر، لېكىن ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە موھتاج ئەمەستۇر.

⑥ ئاللاھ شۇ قەدەر بىھاجەتكى، ئەگەر بارلىق ئىنسانلار ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سەلتەنىتىدىن ھېچ نەرسە كەملەپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بارلىق ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئىتائەتمەن بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ قۇدرىتىگە ھېچنەرسىنى قوشۇپ قويالمايدۇ. بەلكى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش بىلەن ئىنسانلار ئۆزلىرى زىيان تارتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئىنسانلار ئۆزلىرى پايدا ئالىدۇ.

⑦ چەكسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ئۇچۇن مەدھىيەگە لايىقتۇر.

ئۇ بەندىلىرىگە بەرگەن ھەربىر نېمەت ئۈچۈن ھەمدۇساناغا ۋە تەشەككۈرگە لايىقتۇر.

⑧ بۇمۇ ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان، بويۇنتاۋلۇق قىلمايدىغان سىلەردىن باشقا مەخلۇقلارنى يارىتىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، سىلەر بىلمەيدىغان يېڭى بىر دۇنيا بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭدا يېڭى مەخلۇقلارنى يارىتىدۇ.

وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٞ وِزۡرَ أُخۡرَىٰۚ وَإِن تَدۡعُ مُثۡقَلَةٌ إِلَىٰ حِمۡلِهَا لَا يُحۡمَلۡ
مِنۡهُ شَيۡءٞ وَلَوۡ كَانَ ذَا قُرۡبَىٰٓۗ إِنَّمَا تُنذِرُ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُم
بِٱلۡغَيۡبِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَۚ وَمَن تَزَكَّىٰ فَإِنَّمَا يَتَزَكَّىٰ لِنَفۡسِهِۦۚ وَإِلَى
ٱللَّهِ ٱلۡمَصِيرُ ١٨ وَمَا يَسۡتَوِي ٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡبَصِيرُ ١٩ وَلَا ٱلظُّلُمَٰتُ
وَلَا ٱلنُّورُ ٢٠ وَلَا ٱلظِّلُّ وَلَا ٱلۡحَرُورُ ٢١

***ھېچبىر گۇناھكار ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا①، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ②، (ئى پەيغەمبەر!) سەن پەقەت رەببىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلارنى، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرالايسەن③، كىمكى (گۇناھلاردىن) پاكلىنىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ④. (ئاخىر) قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر [18]. كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولمايدۇ [19]. زۇلمەتلەر بىلەن يورۇقلۇق (باراۋەر بولمايدۇ)⑤ [20]. سايە بىلەن ئاپتاپ (باراۋەر بولمايدۇ)⑥ [21].***

① ئەمما، كىمكى باشقىلارنى ئازدۇرغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىنىمۇ ۋە ئازدۇرۇلغانلارنىڭ گۇناھىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتا يەنە بىر

ئايەتتە تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى (يەنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئازدۇرغانلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) ئۈستىگە ئالىدۇ﴾. (سۈرە ئەنكەبۇت 13-ئايەت) ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى يامان بىر ئىشنى باشلاپ، يولغا قويسا، ئۇنىڭغا شۇ يامان ئىشنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يامان ئىشنى داۋاملاشتۇرغانلارنىڭ گۇناھىمۇ يۈكلىنىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 1017-ھەدىس) بۇنىڭدىن ئايان بولىدىكى، باشقىلارنىڭ گۇناھىمۇ ھەقىقەتتە باشلامچىنىڭ ئۆز گۇناھىدۇر. چۈنكى، باشقىلارنى شۇ باشلامچى ئازدۇرغان ئىدى.

② ﴿مُثْقَلَةٌ﴾ " نَفْسٌ مُثْقَلَةٌ» يەنى گۇناھىنى كۆتۈرەلمەي قالغان كىشى دېمەكتۇر. ئۇ ئۆزى كۆتۈرەلمىگەن گۇناھىنىڭ بىر قىسمىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى چاقىرسىمۇ، ئۇلار ياردەم قىلىشقا ئۇنىمايدۇ.

③ يەنى سەن قىلغان دەۋەت-تەبلىغدىن پەقەت رەببىدىن قورقىدىغان كىشىلەرلا ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ ۋە پايدا ئالىدۇ، باشقا كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدا ئالالمايدۇ. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، رەھمان ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن (يەنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭنىڭ پايدىسى شۇلارغا بولىدۇ)﴾. (سۈرە ياسىن 11-ئايەت) يەنە سۈرە نازىئات 45-ئايەتتىمۇ مۇشۇ ئۇقۇم تەكىتلەنگەن: ﴿سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر﴾.

④ ﴿تَزَكَّى﴾ ۋە " تَطَهَّرَ " پاكلىنىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە شېرىك ۋە گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن پاكلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ «كور ئادەم» كاپىرنى كۆرسىتىدۇ. «كۆزى ساق ئادەم» مۇئمىننى كۆرسىتىدۇ. «زۇلمەتلەر» باتىلنى، «يورۇقلۇق» ھەقنى كۆرسىتىدۇ. باتىلنىڭ تۈرلىرى كۆپ ۋە ھەرخىل بولغاچقا، كۆپلۈك شەكىلدە ﴿الظُّلُمٰتُ﴾ دەپ كەلگەن، ھەق پەقەت بىر بولغانلىقى ئۈچۈن بىرلىك شەكلى ئىشلىتىلگەن.

⑥ «سايە بىلەن ئاپتاپ» يەنى ساۋاب بىلەن جازا ياكى جەننەت بىلەن دوزاخ باراۋەر بولمايدۇ.

وَمَا يَسۡتَوِي ٱلۡأَحۡيَآءُ وَلَا ٱلۡأَمۡوَٰتُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُسۡمِعُ مَن يَشَآءُۖ وَمَآ
أَنتَ بِمُسۡمِعٖ مَّن فِي ٱلۡقُبُورِ ﴿٢٢﴾ إِنۡ أَنتَ إِلَّا نَذِيرٌ ﴿٢٣﴾ إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ
بِٱلۡحَقِّ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗاۚ وَإِن مِّنۡ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٞ ﴿٢٤﴾ وَإِن
يُكَذِّبُوكَ فَقَدۡ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ
وَبِٱلزُّبُرِ وَبِٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُنِيرِ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ أَخَذۡتُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۖ فَكَيۡفَ
كَانَ نَكِيرِ ﴿٢٦﴾

***تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەرمۇ (يەنى مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) باراۋەر بولمايدۇ①، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ②. سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى دىللىرى ئۆلگەن كاپىرلارغا) ئاڭلىتالمايسەن③ [22]. سەن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن④ [23]. بىز ھەقىقەتەن سېنى ھەق (دىن) بىلەن (مۇئمىنلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارغا) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، قانداقلا بىر ئۈممەت بولسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن [24]. ئۇلار سېنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى، (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرگە ئوخشاش) سەھىپىلەرنى، (تەۋرات، ئىنجىلدەك) نۇرلۇق كىتابلارنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى⑤ [25]. ئاندىن كاپىرلارنى جازالىدىم، (ئۇلارغا بەرگەن) ئازابىم قانداق ئىكەن؟⑥ [26]***

① ﴿ٱلۡأَحۡيَآءُ﴾ «تىرىكلەر» دېگەندىن مۇئمىنلەر. ﴿ٱلۡأَمۡوَٰتُ﴾ «ئۆلۈكلەر» دېگەندىن كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياكى ئۆلىمالار بىلەن جاھىللار ياكى ئاقىللار بىلەن ئەقىلسىزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلماقچى بولغان ۋە تەقدىرىگە جەننەت پۈتۈلگەن ئادەمنى دەلىل-پاكىتنى ئاڭلاش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

③ يەنى قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرگە ھېچ گەپنى ئاڭلاتقىلى بولمىغاندەك، كۇفۇرلۇق دىلىنى ئۆلتۈرگەن ئادەملەرگە سەن ھەقنى ئاڭلىتالمايسەن. دېمەك، ئۆلۈپ قەبرىلىرىگە قويۇلۇپ بولغان ئۆلۈكلەر دەۋەتتىن ھېچ مەنپەئەت ئالالمىغىنىدەك، قىسمىتىگە بەتبەختلىك پۈتۈلگەن كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارمۇ دەۋەتتىن ھېچ مەنپەئەت ئالالمايدۇ.

④ يەنى سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت دەۋەت قىلىش ۋە دىنىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. ھىدايەتكە باشلاش ۋە ئازدۇرۇش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە.

⑤ ھېچبىر قەۋم بىز: «ئىمان ۋە كۇفرىلىق دېگەننى بىلمەي قاپتۇق، چۈنكى بىزگە پەيغەمبەر كەلمىگەن» دېيەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ھەربىر قەۋمگە پەيغەمبەر ئەۋەتتى. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى. ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ﴾.(سۈرە رەئد 7-ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾.(سۈرە نەھل 36-ئايەت)

⑥ يەنى ئۇلارغا قانداق قاتتىق ئازاب قىلدىم؟ ئۇلار شۇنداق روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ھەق دىنىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن جازالىدىم، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتىم.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ ثَمَرَٰتٍ
مُّخْتَلِفًا أَلْوَٰنُهَا ۚ وَمِنَ ٱلْجِبَالِ جُدَدٌۢ بِيضٌ وَحُمْرٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهَا
وَغَرَابِيبُ سُودٌ ﴿٢٧﴾ وَمِنَ ٱلنَّاسِ وَٱلدَّوَآبِّ وَٱلْأَنْعَٰمِ مُخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهُۥ
كَذَٰلِكَ ۗ إِنَّمَا يَخْشَى ٱللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ ٱلْعُلَمَٰٓؤُا۟ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ
غَفُورٌ ﴿٢٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَتْلُونَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ

*كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ ئاسماندىن سۇ چۈشۈردى. ئۇنىڭ بىلەن*

***تۇرلۇك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردۇق①. (ئاللاھ تاغلارنى ياراتتى) تاغلارنىڭمۇ ھەر خىل رەڭلىكلىرى، ئاق ۋە قىزىل يوللۇقلىرى، قاپقارىلىرى بار② [27]. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چارۋىلارنىمۇ رەڭگارەڭ قىلىپ ياراتتى③، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ④، شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر⑤ [28]. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار⑥، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار⑦،***

① يەنى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە مۆئمىن ۋە كاپىر، سالىھ ۋە پاسىقتىن ئىبارەت ھەر خىل ئادەملەر بولغاندەك، باشقا مەخلۇقاتلاردىمۇ ھەر خىل پەرق ۋە ئوخشىماسلىقلار بار. مەسىلەن: مېۋىلەرنىڭمۇ تەمى، رەڭگى ۋە ھىدى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەتتا بىر خىل مېۋىنىڭمۇ ھەر خىل رەڭلىرى ۋە تەملىرى بولىدۇ. مەسىلەن: خورما، ئۈزۈم، ئالما قاتارلىق مېۋىلەرگە ئوخشاش.

② شۇنىڭدەك تاغلارمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بەزى تاغلارنىڭ باغرى، يولى ۋە سىزىقلىرى ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. بەزىلىرى ئاق، بەزىلىرى قىزىل، بەزىلىرى قاپقارا بولىدۇ. ﴿جُدَدٌ﴾ "جُدَّةٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، يوللار ياكى تۈز ۋە يوللۇق سىزىقلار دېگەن مەنىدە. ﴿غَرَابِيبُ﴾ "غِرْبِيبٌ " (قاپقارا)نىڭ كۆپلۈك شەكلى. ﴿سُودٌ﴾ "أَسْوَدُ " (قارا)نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قاپقارا، توق قارا رەڭنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ ئىككى سۆز بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

③ يەنى ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارمۇ ئاق، بۇغداي ئۆڭ، قىزىل، سېرىق رەڭلىك بولىدۇ.

④ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر كامالى قۇدرىتى ۋە سانائەتلىرىنى پەقەت ئىلىم ئەھلى ئوبدان بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئىلىم قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئىلمى يەنە ئىلاھىي سىر-ھېكمەت ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانى تونۇغانسېرى، ئۇنىڭدىن قورقۇش تۇيغۇسى ئېشىپ بارىدۇ. ئىلمى نەقەدەر زىيادە بولسا، ئاللاھتىن قورقۇشمۇ زىيادە بولىدۇ. كىمنىڭ قەلبىدە ئاللاھتىن قورقۇش

بولمايدىكەن، بىلگىنكى ئۇ توغرا ئىلىم ھاسىل قىلالمىغان بولىدۇ. سۇفيان سەۋرى، ئەبۇھەييان تەيمىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئالىملار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالانى تونۇغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بىلگەن ئالىمدۇر. ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالانى تونۇغان، بىراق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانىنى بىلمىگەن ئالىمدۇر. ئۈچىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بىلگەن، لېكىن ئاللاھ تائالانى تونۇمىغان ئالىمدۇر. بىرىنچى خىلدىكى ئالىم: ئاللاھ تائالادىن قورقىدۇ، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە پەرزلەرنى بىلىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى ئالىم: ئاللاھ تائالادىن قورقىدۇ. بىراق شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە پەرزلەرنى بىلمەيدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى ئالىم: شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە پەرزلەرنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئاللاھتىن قورقۇش بولمايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ بۇ ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ نەتىجىسىدۇركى، ئاللاھ بويسۇنمىغانلارنى جازالاشقا ۋە تەۋبە قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىشقا قادىردۇر.

⑥ بۇ يەردىكى «ئاللاھنىڭ كىتابى» قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ. «تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار» يەنى ئۇنى ئىزچىل تۇردە ئوقۇپ تۇرىدىغانلار.

⑦ «نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغانلار» ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، نامازنى تەلەپكە لايىق ئوقۇيدۇ. يەنى ئۇلار نامازنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلىدۇ. يەنە قائىدە-تەرتىپلىرىگىمۇ رىئايە قىلغان ئاساستا، ئاللاھتىن ئەيمەنگەن ھالدا، كەمتەرلىكنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇپ ئادا قىلىدۇ.

وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً يَرْجُونَ تِجَٰرَةً لَّن تَبُورَ ﴿٢٩﴾
لِيُوَفِّيَهُمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدَهُم مِّن فَضْلِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ غَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٣٠﴾
وَٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ هُوَ ٱلْحَقُّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ
يَدَيْهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِعِبَادِهِۦ لَخَبِيرٌۢ بَصِيرٌ ﴿٣١﴾ ثُمَّ أَوْرَثْنَا ٱلْكِتَٰبَ ٱلَّذِينَ
ٱصْطَفَيْنَا مِنْ عِبَادِنَاۖ

*بىز بەرگەن رىزىقتىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغانلار①*

*ھەرگىزمۇ كاساتلاشمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ② [29]. چۈنكى، ئاللاھ ئۇلارغا ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا مەرھەمىتىدىن ئاشۇرۇپ بېرىدۇ③، چۈنكى، ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر④ [30]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر⑤، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچىدۇر⑥. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنى ئەلۋەتتە تولۇق بىلگۈچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر⑦ [31]. ئاندىن بىز كىتاب (قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق⑧.*

① يەنى كېچە-كۈندۈز، يوشۇرۇن ھەم ئاشكارا شەكىلدە ئېھتىياجغا قاراپ پۇل سەرپ قىلىدىغانلار. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «يوشۇرۇن» دېگەن نەپلە سەدىقىنى، «ئاشكارا» دېگەن پەرز سەدىقىنى يەنى زاكاتنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

② يەنى شەكسىزكى، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەجرى ۋە مۇكاپاتى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تولۇق ساقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ «تىجارەتتە» كاساتلىشىش، زىيان تارتىش ۋە پايدىسى كەم بولۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس.

③ «ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ» دېگەن ئىبارە «ھەرگىزمۇ كاساتلاشمايدىغان تىجارەت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىجارىتى كاساتلاشمايدۇ؟ چۈنكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە تولۇق ئەجىر ۋە مۇكاپات بېرىدۇ. ياكى ئۇ ئىبارە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان پېئىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەنىسى، ئۇلارنىڭ مەزكۇر ياخشى ئەمەللىرىنى قىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىشى ئۈچۈندۇر. يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى مەزكۇر ياخشى ئەمەللىرىنى قىلىشقا يېتەكلىگەنلىكى ئۇلارغا ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىش ئۈچۈندۇر.

④ بۇ ئەجىرنى تولۇق ۋە ئاشۇرۇپ بېرىشنىڭ بائىسى شۇكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. شەرتى شۇكى، بەندىلەر چىن دىلى بىلەن سەممىي تەۋبە قىلىشى كېرەك. يەنە بىر

بائىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بويسۇنۇشتىكى قىزغىنلىقى ۋە ياخشى ئەمەللىرىنى قەدىرلىگۈچىدۇر. شۇڭا، ئۇ بەندىلىرىنىڭ ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىش بىلەنلا كۇپايە قىلماستىن، ئۆز پەزلى-كەرىمى بىلەن ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ بېرىدۇ.

⑤ يەنى بۇ كىتابقا سەن ۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭ ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر.

⑥ يەنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تەۋرات ۋە ئىنجىل قاتارلىق كىتابلارنى تەستىقلىغۇچىدۇر. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئىلگىرىكى كىتابلارنى نازىل قىلغان ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغاندۇر. بۇ كىتابلار بىر-بىرىنى تەستىقلايدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ.

⑦ ئۇ ھەممىنى بىلىدىغان ۋە ھەممىدىن خەۋەردار زات بولغاچقا، يېڭى بىر كىتاب نازىل قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ بۇرمىلانغان ۋە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى، ئەمدى ئۇ كىتابلارنىڭ ھىدايەت مەنبەسى بولۇش سالاھىيىتىدىن قالغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

⑧ بۇ يەردىكى «كىتاب» دېگەندىن قۇرئان كەرىم، «تاللىغان كىشىلەر» دېگەندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى بۇ قۇرئاننىڭ ۋارىسى قىلدۇق، باشقا ئۈممەتلەر ئىچىدىن ئۇلارنى تاللىدۇق، ئۇلارغا شەرەپ، ئىمتىياز ۋە پەزىلەت ئاتا قىلدۇق. بۇ ئۇقۇم سۈرە بەقەرە 143-ئايەتتىكى ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئادالەتلىك ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾ دېگەن ئۇقۇمغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

فَمِنۡهُمۡ ظَالِمٞ لِّنَفۡسِهِۦ وَمِنۡهُم مُّقۡتَصِدٞ وَمِنۡهُمۡ سَابِقُۢ بِٱلۡخَيۡرَٰتِ
بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَضۡلُ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٣٢﴾ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ يَدۡخُلُونَهَا
يُحَلَّوۡنَ فِيهَا مِنۡ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٖ وَلُؤۡلُؤٗاۖ وَلِبَاسُهُمۡ فِيهَا
حَرِيرٞ ﴿٣٣﴾

*ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر①، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر②، يەنە بەزىسى ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر③. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر④ [32]. ئۇلار دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ⑤. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەر ۋە مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ⑥ [33].*

① بۇ ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىكى ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەر بايان قىلىندى: بىرىنچى تۈردىكىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار پەرز ئەمەللەردىن بەزىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ. بىر قىسىم ھارام قىلىنغان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئۇلار كىچىك گۇناھلارنى سادىر قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرى سەۋەبىدىن باشقا ئىككى تۈردىكى كىشىلەر ئېرىشىدىغان دەرىجىلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار «ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى» دەپ ئاتالدى.

② بۇ ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ياخشى ئەمەلگە گۇناھنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئۇلار پەرز ئەمەللەرنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ. ئەمما، بەزى چاغلاردا مۇستەھەپ يەنى ئىسلام دىنىدا ياخشى دەپ قارالغان ئىشلارنى قىلماي قالىدۇ. قىسمەن چاغلاردا مەكرۇھ قىلىنغان ئىشلارنىمۇ قىلىپ سالىدۇ. ئۇلار سالىھ كىشىلەر جۈملىسىدىن سانىلىدۇ، لېكىن ياخشى ئىشلارنى بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغانلاردىن ئەمەس.

③ بۇ ئۈچىنچى تۈردىكى كىشىلەر بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى قىسىمدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى كۆپرەكتۇر. بۇلار ياخشى ئەمەلنى ھەممىدىن بۇرۇن بىرىنچى بولۇپ قىلىدۇ، گۇناھلاردىن قاتتىق ساقلىنىدۇ، ھەتتا مەكرۇھ ئىشلارغا يولۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مۇباھ يەنى قىلىسىمۇ ۋە قىلمىسىمۇ بولىدىغان بىر قىسىم ئىشلاردىنمۇ پەرھىز قىلىدۇ.

④ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۈممەتنى تاللاپ، قۇرئانغا ۋارىس قىلغانلىقى،

شەرەپ ۋە پەزىلەتتە ئارتۇق قىلغانلىقى ئۇنىڭ كاتتا مەرھەمىتىدىندۇر.

⑤ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، جەننەتكە پەقەت ياخشى ئىشقا ئالدىرىغۇچىلارلا كىرىدۇ، لېكىن بۇ قاراش توغرا ئەمەس. بۇ ئايەتنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلارنىڭ ھېساب ئېلىنماستىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەقىقەت. ئەمما ئوتتۇرا ھال يول تۇتىدىغانلاردىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ شاپائەتكە ئېرىشىپ ياكى مەغپىرەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئاخىرى جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە سازاۋەر بولغان ئۇممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئوتتۇرا ھال يول تۇتقۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار جەننەتتە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑥ سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يىپەك كىيىم كىيمەڭلار ، كىمكى دۇنيادا يىپەكتىن كىيىم كىيسە، ئۇنى ئاخىرەتتە كىيەلمەيدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 5832-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2073-ھەدىس)

وَقَالُواْ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِيٓ أَذۡهَبَ عَنَّا ٱلۡحَزَنَۖ إِنَّ رَبَّنَا لَغَفُورٞ
شَكُورٌ ٣٤ ٱلَّذِيٓ أَحَلَّنَا دَارَ ٱلۡمُقَامَةِ مِن فَضۡلِهِۦ لَا يَمَسُّنَا فِيهَا
نَصَبٞ وَلَا يَمَسُّنَا فِيهَا لُغُوبٞ ٣٥ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمۡ نَارُ جَهَنَّمَ
لَا يُقۡضَىٰ عَلَيۡهِمۡ فَيَمُوتُواْ وَلَا يُخَفَّفُ عَنۡهُم مِّنۡ عَذَابِهَاۚ كَذَٰلِكَ
نَجۡزِي كُلَّ كَفُورٖ ٣٦ وَهُمۡ يَصۡطَرِخُونَ فِيهَا رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا نَعۡمَلۡ
صَٰلِحًا غَيۡرَ ٱلَّذِي كُنَّا نَعۡمَلُۚ أَوَلَمۡ نُعَمِّرۡكُم مَّا يَتَذَكَّرُ فِيهِ مَن
تَذَكَّرَ وَجَآءَكُمُ ٱلنَّذِيرُۖ فَذُوقُواْ فَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِن نَّصِيرٍ ٣٧

*ئۇلار (جەننەتتە شۇنداق) دەيدۇ: «بىزدىن غەم - قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن! بىزنىڭ رەببىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر [34]. ئاللاھ ئۆز مەرھەمىتىدىن بىزنى دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز» [35]. كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخ ئوتىغا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئۆلۈم بىلەن ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق كاپىرنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز [36]. ئۇلار دوزاختا: «ئى رەببىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقىچە ئەمەللەرنى قىلىۋالساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ①. (ئاللاھ ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز - نەسىھەت ئالالىغۇدەك ئۆمۈر بەرمىدۇقمۇ؟② سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ (نېمىشقا ئىمان ئېيتمىدىڭلار؟)③، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق» [37].*

① يەنى سەندىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلمىساق، گۇناھلارنىڭ ئورنىغا ياخشى ئەمەللەرنى قىلساق.

② بۇنىڭدىن قانچە يىللىق ئۆمۈر مەقسەت قىلىنىدۇ؟ بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر ھەرخىل قاراشلارنى بايان قىلدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئاتمىش يىللىق ئۆمۈر مەقسەت قىلىنىدۇ، دېدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئەمما ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، ئۆمۈر ئۇزۇن-قىسقا بولىدۇ. بەزىلەر ياش ۋاقتىدا ۋاپات بولىدۇ، بەزىلەر ئوتتۇرا ياشتا، بەزىلەر قېرىغاندا ۋاپات بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۆمۈرنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىمۇ ئۇنچە قىسقا ئەمەس، بەلكى ھەر باسقۇچنىڭ مۇددىتى خېلى ئۇزۇن بولىدۇ. مەسىلەن: ئىنساننىڭ ئۆمرى بالىلىق دەۋرىدىن بالاغەتكە يەتكىچە، بالاغەتكە يەتكەندىن ياشلىق دەۋرىگىچە، ياشلىق دەۋرىدىن قېرىلىق دەۋرىگىچە، ئاندىن ئۆلۈم كەلگىچە داۋاملىشىدۇ. بەزىلەرگە ئويلىنىش، ۋەز-نەسىھەت ھاسىل قىلىش ۋە ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە يىل بېرىلىدۇ، بەزىلەرگە ئۇنىڭدىن كۆپ، يەنە

بەزىلەرگە تېخىمۇ كۆپ يىل ۋە ئۆمۈر بېرىلىدۇ. ھەممە كىشىدىن مۇنداق سوئال سوراش ئورۇنلۇق بولىدۇ: بىز سىلەرگە شۇ قەدەر ئۆمۈر بەرگەن، شۇ مۇددەتتە ھەق دىنىنى چۈشەنمەكچى بولغان بولساڭلار، يېتەرلىك پۇرسەت بار ئىدى، شۇنداق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ھەقنى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە تىرىشمىدىڭلار؟

③ بۇ ئاگاھلاندۇرغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. يەنى سىلەرگە ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش، نەسىھەت قىلىش، ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە مۇنبەر ۋە مېھرابنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالار ۋە دەۋەتچىلەر كەلدى، لېكىن سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلار، چۈشىنىشكە تىرىشمىدىڭلار، ھەق دىنغا چاقىرغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىدىڭلار، ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە دىققەت بەرمىدىڭلار.

إِنَّ ٱللَّهَ عَٰلِمُ غَيۡبِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ
ٱلصُّدُورِ ﴿٣٨﴾ هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَكُمۡ خَلَٰٓئِفَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ فَمَن كَفَرَ
فَعَلَيۡهِ كُفۡرُهُۥۖ وَلَا يَزِيدُ ٱلۡكَٰفِرِينَ كُفۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ إِلَّا مَقۡتٗاۖ
وَلَا يَزِيدُ ٱلۡكَٰفِرِينَ كُفۡرُهُمۡ إِلَّا خَسَارٗا ﴿٣٩﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ شُرَكَآءَكُمُ
ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُواْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ لَهُمۡ
شِرۡكٞ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَمۡ ءَاتَيۡنَٰهُمۡ كِتَٰبٗا فَهُمۡ عَلَىٰ بَيِّنَتٖ مِّنۡهُۚ بَلۡ إِن
يَعِدُ ٱلظَّٰلِمُونَ بَعۡضُهُم بَعۡضًا إِلَّا غُرُورًا ﴿٤٠﴾

*شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلگۈچىدۇر①. ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر② [38]. (ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە (بىر ـ بىرىڭلارغا) ئورۇنباسار قىلغان زاتتۇر. كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كاپىرلىقىنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ، كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى رەببىنىڭ دەرگاھىدا پەقەت غەزەپنىلا ئاشۇرىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ كۇفرى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن تېخىمۇ*

*يىراقلاشتۇرىدۇ)، كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى ئۇلار ئۈچۈن پەقەت زىيانىنىلا كۆپەيتىدۇ③ [39]. (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ ماڭا كۆرسىتىپ بېقىڭلار قېنى! ئۇلار زېمىننىڭ قايسى بۆلىكىنى ياراتتى؟ يا ئۇلار ئاسمانلارنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ياراتتىمۇ؟ ياكى بىز ئۇلارغا بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلىنامدۇ؟④» (ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس)، بەلكى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان) بۇ زالىملار بىر ـ بىرىگە پەقەت يالغانىنىلا ۋەدە قىلىشىدۇ⑤ [40].*

① بۇ يەردە بۇنى بايان قىلىشتا مۇنداق بىر مەقسەت بولۇشىمۇ مۇمكىن: سىلەر دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىسىلەر ۋە قايتقاندىن كېيىن گۇناھنىڭ ئورنىغا ياخشى ئەمەل ۋە شېرىكنىڭ ئورنىغا تەۋھىدنى ئىختىيار قىلىدىغانلىقىڭلارنى دەۋا قىلىۋاتىسىلەر. لېكىن، بىز سىلەرنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمىز. سىلەرنى دۇنياغا قايتۇرغان تەقدىردىمۇ، سىلەر ئىلگىرى قىلغان ئىشلارنىڭ ئۆزىنى يەنە قىلىسىلەر. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلدى: ﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى﴾. (سۈرە ئەنئام 28 ـ ئايەت)

② بۇ يەردە ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ كەڭرىلىكى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالاغا ئاسماندا ۋە زېمىندا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس. ئۇ بارلىق مەخپىيەتلىكلەرنى بىلىدۇ، ھەتتا دىللاردىكى سىرلارنى، ھەممىدىن مەخپىي كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كەچكەن ئوي-پىكىرلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

③ يەنى كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ھېچ پايدا يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە نارازىلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. نەتىجىدە كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولىدىغان زىيانىمۇ ئاشىدۇ.

④ يەنى بىز ئۇلارغا بىر كىتاب نازىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مېنىڭ ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتا شېرىكىم بارلىقى تىلغا ئېلىنىپتىمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

⑤ يەنى ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بەلكى ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئالداپ ئازدۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بۈزرۈكلىرى بىر-بىرىگە: بۇ مەبۇدلار بىزگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، بىزنى ئاللاھقا يېقىن قىلىدۇ، بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، دەيتتى ياكى بۇ سۆزلەرنى شەيتانلار مۇشرىكلارغا دەيتتى .يەنە بىر مەنىسى، بۇ يەردىكى ۋەدە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزئارا بىر-بىرىگە قىلىشقان ۋەدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۇلار بىر-بىرىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشەتتى.

۞ إِنَّ ٱللَّهَ يُمۡسِكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ أَن تَزُولَاۚ وَلَئِن زَالَتَآ إِنۡ أَمۡسَكَهُمَا مِنۡ أَحَدٖ مِّنۢ بَعۡدِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورٗا ﴿٤١﴾ وَأَقۡسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡ لَئِن جَآءَهُمۡ نَذِيرٞ لَّيَكُونُنَّ أَهۡدَىٰ مِنۡ إِحۡدَى ٱلۡأُمَمِۖ

*شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (قۇدرىتى بىلەن) چۈشۈپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرىدۇ① . ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم تۇتۇپ تۇرالمايدۇ② . شەكسىزكى، ئاللاھ (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر③ [41]. ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلسە، ئۆزلىرىنىڭ ھەر قانداق ئۈممەتكە قارىغاندا، ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەن ئىدى④ .*

① ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاسمان ۋە زېمىن ئۆز ھالىتىدە بەرقارار تۇرالماي، پارچە-پارچە بولۇپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە مەريەم 90-، 91-ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ئۇقۇمنىڭ دەل ئۆزىدۇر: ﴿بۇ

سۆزىنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى﴾.

② يەنى ئاللاھ تائالا چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ناھايىتى مېھرىباندۇركى، ئۇ ئاسماننى چۈشۈپ كېتىشتىن ۋە زېمىننى تەۋرەپ كېتىشتىن ساقلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ ساقلىمىسا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كائىناتنىڭ نىزامى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنى تۇتۇپ ۋە قوغداپ تۇرمايدىغان بولسا، ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرالايدىغان ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر كۈچ مەۋجۇت ئەمەس. ﴿اِنْ اَمْسَكَهُمَا﴾دىكى «اِنْ» مەنپىينى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بۇ نېمىتى ۋە كامالى قۇدرىتىنىڭ ئالامىتىنى يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ئاسماننى ئۆزىنىڭ ئىزنى بولماستىن زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ، تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾. (سۈرە ھەج 65-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ ئاسمان-زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق) تۇرغۇزۇشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾[.(سۈرە رۇم 25-ئايەت).

③ ئاللاھ تائالا شۇ قەدەر قۇدرەتلىك تۇرۇپمۇ، ﴿(گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر﴾. بەندىلىرىنىڭ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكى، كۇفرىلىق ۋە ئاسىيلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنى ئالدىراپ جازالىمايدۇ، ھەتتا تەۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىپ، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. ئاللاھ يەنە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبە قىلىپ، سەجدىگە باش قويغان، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلىگەن بەندىلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

④ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ قىلغان ئارزۇلىرىنى ۋە قەسەمياتلىرىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: ئەگەر بىزگە بىرەر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشتە ھەر قانداق ئۈممەتكە ئۈلگە بولغۇدەك پوزىتسىيەدە بولىمىز، دېيىشكەن ئىدى. بۇ نۇقتا سۈرە ئەنئام 156-، 157-ئايەت، يەنە سۈرە سافقات 168-، 170-ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىندى.

فَلَمَّا جَآءَهُمۡ نَذِيرٞ مَّا زَادَهُمۡ إِلَّا نُفُورًا ﴿٤٢﴾ ٱسۡتِكۡبَارٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ
وَمَكۡرَ ٱلسَّيِّيِٕۚ وَلَا يَحِيقُ ٱلۡمَكۡرُ ٱلسَّيِّئُ إِلَّا بِأَهۡلِهِۦۚ فَهَلۡ يَنظُرُونَ
إِلَّا سُنَّتَ ٱلۡأَوَّلِينَۚ فَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗاۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ
ٱللَّهِ تَحۡوِيلًا ﴿٤٣﴾

***ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كېلىۋىدى①، بۇ ئۇلارغا (ھىدايەتتىن) تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى [42]. (بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى② ۋە رەزىل ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلەتكەنلىكى (ئۈچۈندۇر)③. ھالبۇكى، رەزىل ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلەتكەننىڭ ئۇۋالى ئۇنى ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ④، ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكىلەرگە قوللىنىلغان (ئاللاھنىڭ جازالاش) قانۇنىيىتىنىلا كۈتەمدۇ؟⑤ ئاللاھنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن⑥، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق يۆتكىلىش (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) تاپالمايسەن⑦ [43].***

① يەنى كۈتكەن ئارزۇسى بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىدى.

② يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، تەكەببۇرلۇق ۋە بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ۋە ئىنكار قىلىش يولىنى تاللىدى.

③ رەزىل ھىيلە ـ مىكىر يەنى ئالدامچىلىق، كۆز بويامچىلىق ۋە يامان ئەمەللىرى تۈپەيلىدىن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىدى.

④ يەنى كىشىلەر ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ. لېكىن، ئۇلار رەزىل ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشنىڭ يامان نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋابالى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكۈچىنىڭ ئۆزىگە ياندىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشتا ۋە مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ باشقا ئۈممەتلەرگە ئوخشاش ھالاك قىلىنىشىنى كۈتەمدۇ؟

⑥ يەنى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ئەزەلدىن ئەنە شۇنداق داۋام قىلىپ كەلگەن. ھەر قانداق ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر. ياكى «ئۆزگىرىش تاپالمايسەن» دېگەننىڭ مەنىسى: ھېچكىم ئاللاھنىڭ ئازابىنى رەھمەتكە ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس، دېمەكتۇر.

⑦ يەنى ھېچكىم ئاللاھنىڭ ئازابىنى قايتۇرالمايدۇ ياكى ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ يەنى ئاللاھ بىر قەۋمگە ئازاب نازىل قىلماقچى بولسا، ئۇنى ھېچكىم باشقا بىر قەۋم تەرەپكە بۇرىۋېتەلمەيدۇ، ھېچكىمدە ئۇنداق كۈچ يوقتۇر. بۇ يەردە ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى تېخىمۇ روشەن بايان قىلىندى. ئۇنىڭدىن مەقسەت ئەرەب مۇشرىكلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ھازىرمۇ پۇرسەت بار، ئۇلار كۇفرى ۋە شېرىكنى تەرك ئېتىپ، ئىمان كەلتۈرسۇن، بولمىسا، ئۇلار ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ، بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرۈش ئۇلارنى زىيانكارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ھېچكىم ئاللاھنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە ئۇنىڭ ئازابىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىشكە قادىر ئەمەس.

أَوَلَمْ يَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن
قَبْلِهِمْ وَكَانُوٓا۟ أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةً ۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعْجِزَهُۥ مِن شَىْءٍ فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَلِيمًا قَدِيرًا ﴿٤٤﴾ وَلَوْ يُؤَاخِذُ ٱللَّهُ
ٱلنَّاسَ بِمَا كَسَبُوا۟ مَا تَرَكَ عَلَىٰ ظَهْرِهَا مِن دَآبَّةٍ وَلَٰكِن
يُؤَخِّرُهُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ۖ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِعِبَادِهِۦ
بَصِيرًۢا ﴿٤٥﴾

*ئۇلار يەر يۈزىنى كېزىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەر (يەنى ھالاك بولغان ئۈممەتلەر) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىمىدىمۇ؟ ئىلگىرىكىلەر بۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى.*

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھنى ئاجىز قىلالمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر [44]. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دەرھال) جازالايدىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قالدۇرمىغان بولاتتى①. لېكىن، (ئاللاھ) ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرىدۇ②، ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ جازاسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر③ [45].***

① يەنى ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ۋە ھايۋانلارنى ئىنسانلارنىڭ كاساپىتىدىن قالدۇرمىغان بولاتتى. يەنە بىر مەنىسى، ئىنسانلارنى ۋە ئۇلار ئېرىشكەن بايلىق ۋە چارۋا ـ ماللارنى، جۈملىدىن يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل مەخلۇقاتنى ھالاك قىلغان بولاتتى. يەنە بىر مەنىسىنى سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە سۇددى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئاللاھ ئاسماندىن چۈشىدىغان يامغۇرنى توختىتىۋېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار ئۆلۈپ كېتەتتى.

② بۇ «مۇئەييەن ۋاقىت» دۇنيادىمۇ بولۇپ قالىدۇ. يەنى دۇنيادا مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا ھېساب ئالىدۇ. قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب شەكسىز بولىدۇ.

③ شۇ كۈندە ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ. ھەربىر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىگە قارىتا تولۇق مۇكاپات ياكى تولۇق جازا بېرىدۇ. مۇئمىنلەرنى ۋە ئەمرىگە بويسۇنغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ. ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالايدۇ. بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرگە تەسەللىي بېرىلىپ، كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى.

# سۈرە ياسىن

| (٣٦) سورة يس مكية ٨٣ آية | (36) سۈرە ياسىن مەككىدە چۈشكەن 83 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يسٓ ۝١ وَٱلْقُرْءَانِ ٱلْحَكِيمِ ۝٢ إِنَّكَ لَمِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ۝٣

*يا، سىين① [1]. ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى②، (ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن③ [3 ـ 2].*

★ سۈرە ياسىننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كۆپ ھەدىسلەر بار. مەسىلەن: «سۈرە ياسىن قۇرئاننىڭ دىلىدۇر، ئۇنى سەكراتقا چۈشكەنلەرگە ئوقۇڭلار»، دېگەندەك. لېكىن، بۇ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغۇچىلار نۇقتىسىدىن سەھىھلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن. بەزىسى توقۇلما ھەدىس ياكى زەئىپ ھەدىسلەردۇر. «سۈرە ياسىن قۇرئاننىڭ دىلى» دېگەن رىۋايەتنى شەيخ ئەلبانى توقۇلما ھەدىس تۈرىگە كىرگۈزگەن. (زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمى 169 ـ ھەدىس)

① بەزى مۇپەسسىرلەر «ياسىين» نىڭ مەنىسى ئەر ياكى ئىنساننى كۆرسىتىدۇ، دېسە، بەزىلەر ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نام ـ شەرىپى دەيدۇ. ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ـ ئىسىم سۈپەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن سانىغانلارمۇ بار. لېكىن، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى

دەلىلسىزدۇر. بۇمۇ سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كېلىدىغان ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

② ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى «مەھكەم قۇرئان» بولۇپ، تەرتىپ، نەزم ۋە مەنە جەھەتتە مەھكەم يەنى پۇختا كىتاب دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى «وَ» قەسەم ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، تۆۋەندىكى ئۇنىڭ جاۋابىدۇر.

③ بۇ يەردىكى ﴿إِنَّكَ﴾ يۇقىرىدىكى قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە شەك كەلتۈرەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىپ: ﴿سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن﴾ دەيتتى. (سۈرە رەئد 43-ئايەت) ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋابەن ئاللاھ تائالا ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن﴾، دېدى. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە شان-شەرىپىنى ئايان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قەسەم قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

عَلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسۡتَقِيمٍ ﴿٤﴾ تَنزِيلَ ٱلۡعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٥﴾ لِتُنذِرَ قَوۡمًا مَّآ أُنذِرَ ءَابَآؤُهُمۡ فَهُمۡ غَٰفِلُونَ ﴿٦﴾ لَقَدۡ حَقَّ ٱلۡقَوۡلُ عَلَىٰٓ أَكۡثَرِهِمۡ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٧﴾

*توغرا يولدىسەن① [4]. (بۇ قۇرئان) سېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغانلىقتىن (يەنى ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلمىگەنلىكتىن)، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن②، ھەممىدىن غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر③ [6 - 5]. قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە (ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلماي، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئازاب توغرىسىدىكى) ھۆكۈم ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ④ [7].*

① يەنى سەن ئەلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىسەن ياكى كۆزلىگەن مەنزىل (جەننەت)گە يەتكۈزىدىغان توغرا يولدىسەن.

② يەنى سەن نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىندىڭ؟ بۇ كىتاب ساڭا نېمە ئۈچۈن نازىل قىلىندى؟ ئىلگىرى ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن بۇ قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بۇ قەۋم بىر مەزگىل ھەق دىنىدىن خەۋەرسىز قالغان ئىدى. ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك، ئەرەبلەرگە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى بىۋاستە ھېچبىر پەيغەمبەر كەلمىگەن ئىدى. بۇ ئايەتتىمۇ ئاشۇ مەزمۇن بايان قىلىندى.

③ يەنى ھەممىدىن غالىب ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. يەنى ئۆزىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئەلچىسىنى يالغانغا چىقارغانلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قادىردۇر. ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان ۋە قۇلچىلىق قىلغانلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

④ مەسىلەن: ئەبۇ جەھىل، ئۇتبە، شەيبە قاتارلىقلارغا شۇنداق بولدى. «تېگىشلىك بولدى» دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق ئەمر-پەرمانى باركى، ﴿ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە ھەربىر كىشىگە ھىدايەت ئاتا قىلاتتۇق، لېكىن مېنىڭ «جەھەننەمنى جىنلار ۋە ئىنسانلار (ئارىسىدىكى گۇناھكارلار) نىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم تولدۇرىمەن» دېگەن ھۆكمىم بېكىتىلىپ بولدى﴾. (سۈرە سەجدە 13-ئايەت)، يەنە ئاللاھ تائالا شەيتانغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿سەن بىلەن ۋە ئۇلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن﴾. (سۈرە ساد 85-ئايەت) بۇ شەيتانغا ئەگىشىپ ئۆزلىرىنى جەھەننەمگە لايىق قىلىپ كۆرسەتكەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە تاللاش ئىختىيارى بەرگەن ئىدى. ئەمما، ئۇلار ئۇنى خاتا قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەھەننەمگە لايىق بولدى. ئاللاھ ئۇلارنى مەجبۇرىي شەكىلدە ئىماندىن مەھرۇم قىلغىنى يوق. چۈنكى، مەجبۇرلانغان بولسا، ئازابقا لايىق بولمايتتى.

إِنَّا جَعَلْنَا فِيٓ أَعْنَٰقِهِمْ أَغْلَٰلًا فَهِيَ إِلَى ٱلْأَذْقَانِ فَهُم مُّقْمَحُونَ ﴿٨﴾
وَجَعَلْنَا مِنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ سَدًّا وَمِنْ خَلْفِهِمْ سَدًّا فَأَغْشَيْنَٰهُمْ

فَهُمۡ لَا يُبۡصِرُونَ ۝٩ وَسَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا
يُؤۡمِنُونَ ۝١٠ إِنَّمَا تُنذِرُ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلذِّكۡرَ وَخَشِيَ ٱلرَّحۡمَٰنَ بِٱلۡغَيۡبِۖ
فَبَشِّرۡهُ بِمَغۡفِرَةٖ وَأَجۡرٖ كَرِيمٍ ۝١١ إِنَّا نَحۡنُ نُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَنَكۡتُبُ
مَا قَدَّمُواْ وَءَاثَٰرَهُمۡۚ

***(گويا) بىز ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئىڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى سالدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ھەقىقەتكە) باشلىرىنى ئىگەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ)① [8]. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق② ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئوراپ قويدۇق③ ، شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ئۇلار (توغرا يولنى) كۆرەلمەيدۇ [9]. (بۇ ھالەتتە) ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاش، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ④ [10]. سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، خىلۋەتتە رەھماندىن قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن⑤ ، سەن ئۇنىڭغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل مۇكاپات (يەنى جەننەت) بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن [11]. شۈبھىسىزكى، بىز ئەلۋەتتە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز⑥ ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى قىلغان ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن (ياخشى - يامان) ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىمىز⑦ ،***

① شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئۇيان-بۇيان قارىيالمايدۇ، نە بېشىنى ئىگەلمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستۈن قىلىنغان، كۆزلىرى ئاستىغا قارىتىلغاندۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ھەقنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ۋە ھەق يولغا پۇل سەرپ قىلمايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر. ياكى بۇ ئۇلارنىڭ جەھەننەمدىكى ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن بايان بولۇشىمۇ مۇمكىن. (ئەيسەر تەپاسىر)

② يەنى دۇنيا ھاياتى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. بۇ گويا ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى توسۇقتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار دۇنيا لەززىتىدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ. بۇ توسۇق ئۇلار بىلەن ئىماننىڭ ئارىسىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. يەنە قىيامەتنىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا مۇمكىن

ئەمەس بىر ئىش قىلىندى. بۇ گويا ئۇلارنىڭ كەينىدىكى توسۇقتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار گۇناھتىن يانمايدۇ، تەۋبە قىلمايدۇ، نەسىھەت ھاسىل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاخىرەتتىن قورقۇش يوق.

③ ياكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردە بىلەن ياپتۇق يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەن تۇتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەق دەۋىتىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرغانلىقى سەۋەبىدىن كۆزلىرى پەردىلەندى ياكى كور قىلىندى، شۇڭا ئۇلار ھەقنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھالىنى تەسۋىرلىگەن ئىككىنچى مىسالدۇر.

④ ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلى گۇمراھلىقتا بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشمۇ پايدىسىزدۇر.

⑤ يەنى سېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ مۇشۇنداق كىشىلەرگىلا پايدىلىقتۇر.

⑥ يەنى قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز. بۇ ئايەتتىكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش باياني ئاللاھ تائالانىڭ كۇفرى ۋە زالالەت سەۋەبىدىن دىللىرى ئۆلگەن كاپىرلاردىن ئۆزى خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغىمۇ ئىشارەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەلبى تىرىلگەن كىشى ھىدايەت ۋە ئىمان يولىنى تاللايدۇ.

⑦ ﴿مَا قَدَّمُوا۟﴾ دېگەندىن ئىنسان ھاياتىدا ئۆزى قىلغان ئەمەللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿وَءَاثَـٰرَهُمْ﴾ ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەرگە (ياخشى ياكى يامان) ئۈلگە قىلىپ قالدۇرغانلىرى، ئۇ ئۈلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئىش-ئىزلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۇ كىشىگە بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىن شۇ ياخشى ئىشقا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىۋېتىلمەستىن، ئۇ كىشىگىمۇ ھەربىر كىشىنىڭ ساۋابىدىن بىر ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىر يامان ئىشنى يولغا قويغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھى ئۇ كىشىگە بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىۋېتىلمەستىن، ئۇ كىشىگىمۇ ھەربىر يامان ئىش قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھلىرىدىن بىر ھەسسە يېزىلىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 1017-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئادەم ئەۋلادى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەلى ئۈزۈلىدۇ. (يەنى ئۇنىڭ دۇنيادىكى ياخشى - يامان ئەمەل

بىلەن بولغان ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈلىدۇ)، پەقەت ئۈچ ئىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا: 1. پايدىلىق ئىلىم 2. سالىھ پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغان دۇئاسى 3. سەدىقە جارىيە-يەنى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر پايدىلىنىپ تۇرىدىغان ساخاۋەتلىك ئىش». (سەھىھ مۇسلىم 1631 ـ ھەدىس) ﴿اٰثَارَهُمْ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى «ئاياغ ئىزلىرى» يەنى ئىنسان ياخشى ياكى يامان ئىش قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلغان بولسا ياكى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بارغان بولسا، ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرىمۇ خاتىرىلىنىدۇ. ئىمام ئەھمەد، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدنىڭ ئەتراپىدا بوش يەر بار ئىدى. بەنۇسەلىمە قەبىلىسىدىكىلەر مەسچىتكە يېقىن دەپ شۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشمەكچى بولدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا (ئىككى قېتىم): «ئى بەنۇسەلىمە قەبىلىسىدىكىلەر! ئۆز دىيارىڭلاردىن كۆچمەڭلار، (ناماز ئوقۇش ۋە باشقا دىنىي پائالىيەت ئۈچۈن مەسجىدكە باسقان) ئىزلىرىڭلار خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ»، دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 665 ـ ھەدىس) ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوق، بەلكى ئاياغ ئىزلىرىنىڭ خاتىرىلىنىپ تۇرۇشى ئەلۋەتتە ئىش-ئىزلىرىنىڭمۇ خاتىرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئاياغ ئىزلىرى خاتىرىلىنىپ تۇرغان يەردە، ياخشى ۋە يامان سۆز-ھەرىكەتلىرىنىڭمۇ خاتىرىلىنىشى شەكسىزدۇر.

وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ فِيٓ إِمَامٍ مُّبِينٍ ﴿١٢﴾ وَٱضْرِبْ لَهُم مَّثَلًا أَصْحَٰبَ ٱلْقَرْيَةِ إِذْ جَآءَهَا ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿١٣﴾

***ۋە ھەممە نەرسىنى روشەن كىتاب (لەۋھۇلمەھپۇز)دا تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز① [12]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇ كاپىرلارغا شەھەر (يەنى ئەنتاكىيە) ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى② [13].***

① بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى «روشەن كىتاب» لەۋھۇلمەھپۇزنى كۆرسىتىدۇ، دېسە، بەزىلەر: ئەمەللەر يېزىلىدىغان نامە-ئەمەل

دەپتىرىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

② مەككە ئەھلى شۇنى بىلسۇنكى، سەن تۇنجى بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەمەس. سەندىن ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر كېلىپ تۇرغان. بۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىۋاتقان بىر ئىشتۇر.

إِذْ أَرْسَلْنَآ إِلَيْهِمُ ٱثْنَيْنِ فَكَذَّبُوهُمَا فَعَزَّزْنَا بِثَالِثٍ فَقَالُوٓا۟ إِنَّآ
إِلَيْكُم مُّرْسَلُونَ ﴿١٤﴾ قَالُوا۟ مَآ أَنتُمْ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا وَمَآ أَنزَلَ
ٱلرَّحْمَـٰنُ مِن شَىْءٍ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا تَكْذِبُونَ ﴿١٥﴾ قَالُوا۟ رَبُّنَا يَعْلَمُ إِنَّآ
إِلَيْكُمْ لَمُرْسَلُونَ ﴿١٦﴾ وَمَا عَلَيْنَآ إِلَّا ٱلْبَلَـٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٧﴾ قَالُوٓا۟ إِنَّا
تَطَيَّرْنَا بِكُمْ ۖ لَئِن لَّمْ تَنتَهُوا۟ لَنَرْجُمَنَّكُمْ وَلَيَمَسَّنَّكُم مِّنَّا عَذَابٌ
أَلِيمٌ ﴿١٨﴾ قَالُوا۟ طَـٰٓئِرُكُم مَّعَكُمْ ۚ أَئِن ذُكِّرْتُم ۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ
مُّسْرِفُونَ ﴿١٩﴾ وَجَآءَ مِنْ أَقْصَا ٱلْمَدِينَةِ رَجُلٌ يَسْعَىٰ قَالَ يَـٰقَوْمِ
ٱتَّبِعُوا۟ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٢٠﴾ ٱتَّبِعُوا۟ مَن لَّا يَسْـَٔلُكُمْ أَجْرًا وَهُم مُّهْتَدُونَ ﴿٢١﴾

***ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى، ئاندىن ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن (ئۇ ئىككىسىنى) كۈچلەندۈردۇق. بۇ پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا): «بىز ھەقىقەتەن (ئاللاھ تەرىپىدىن) سىلەرگە (يەنى سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرمىز» دېدى① [14]. ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، رەھمان ئاللاھ ھېچ نەرسە چۈشۈرگىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر» دېدى [15]. پەيغەمبەرلەر: «رەببىمىز بىلىدۇكى، شەك ـ شۈبھىسىز بىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرمىز [16]. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەتلا (روشەن دەلىللەر بىلەن) دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر» دېدى [17]. ئۇلار (پەيغەمبەرلەرگە): «بىز سىلەردىن شۇملۇق ھېس قىلدۇق②. ئەگەر سىلەر (بۇ دەۋىتىڭلاردىن) ۋاز كەچمىسەڭلار، سىلەرنى چوقۇم چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىز تەرەپتىن قاتتىق جازاغا ئۇچرايسىلەر» دېدى [18]. پەيغەمبەرلەر: «(كۇفرىڭلار***

*سەۋەبىدىن) سىلەرنىڭ شۇملۇقۇڭلار ئۆزۈڭلار بىلەن بىللىدۇر③، سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا، (شۇملۇق ھېس قىلىۋاتامسىلەر؟) بەلكى سىلەر (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ھەددىدىن ئاشقان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى [19]. شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىن بىر كىشى (يەنى ھەبىب نەججار) ناھايىتى تېز كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار④ [20]. (دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە) سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغان بۇ كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار، ئۇلار توغرا يولدىكى كىشىلەردۇر [21].*

① بۇ ئۈچ پەيغەمبەر كىملەر ئىدى؟ مۇپەسسىرلەر ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىسىملىرىنى بايان قىلغان. ئەمما، ئۇ ئىسىملارنىڭ ئىشەنچلىك رىۋايەتلەردە كەلگەنلىكى ئىسپاتلانمىغان. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بىر يۇرتقا دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ يۇرتنىڭ ئىسمى ئانتاكىيە ئىدى.

② ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىمان ئېيتقان بولۇشى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئىككى پىرقىگە بۆلۈنگەن بولۇشى، ئىمان ئېيتمىغانلار پەيغەمبەرلەرنى بالا-قازانىڭ سەۋەبچىسى (نەئۇزۇبىللاھ-ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمىز) دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ياكى يامغۇر ياغمىغانلىقتىن قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەن بولۇشى، بۇنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇملۇقىدىن دەپ قارىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر قىسىم بەتنىيەت، دىن ۋە شەرىئەتتىن يىراق كىشىلەر تەقۋادار مۇئمىنلەرنى «بالا-قازانىڭ سەۋەبچىسى دەپ، ئۇلارنىڭ شۇملۇقىدىن بالا-قازا كەلدى» دەپ قارايدۇ. (ئاللاھقا سېغىنىپ بۇنداق قاراشتىن پاناھ تىلەيمىز)

③ يەنى سىلەرگە كەلگەن بالا-قازا بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭلارنىڭ يامان ئەمەللىڭلارنىڭ نەتىجىسىدۇر يەنى ئۆزۈڭلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلگەندۇر.

④ بۇ ئادەم مۇسۇلمان ئىدى، ئۇ قەۋمىنىڭ پەيغەمبەرلەر دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەرلەرنى ھىمايە قىلىش ۋە قەۋمىنى ئۇلارغا ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.

وَمَا لِيَ لَآ أَعۡبُدُ ٱلَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٢٢﴾ ءَأَتَّخِذُ مِن دُونِهِۦٓ
ءَالِهَةً إِن يُرِدۡنِ ٱلرَّحۡمَٰنُ بِضُرّٖ لَّا تُغۡنِ عَنِّي شَفَٰعَتُهُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَا
يُنقِذُونِ ﴿٢٣﴾ إِنِّيٓ إِذٗا لَّفِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ﴿٢٤﴾ إِنِّيٓ ءَامَنتُ بِرَبِّكُمۡ
فَٱسۡمَعُونِ ﴿٢٥﴾

***مەن مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان ئاللاھقا نېمىشقا ئىبادەت قىلمايدىكەنمەن؟① [22]. مەن ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىۋالامدىمەن؟ ئەگەر رەھمان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەتنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ماڭا قىلچە ئەسقاتمايدۇ ۋە مېنى (زىيان ـ زەخمەتتىن) قۇتقۇزالمايدۇ② [23]. (ئەگەر شۇنداق بولسا يەنى ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام)، شۈبھىسىزكى، مەن ئۇ چاغدا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا قالغان بولىمەن③ [24]. مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى ياراتقان) رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار (ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار)»④ [25].***

① ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋھىد يولىنى تاللىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى، مەقسىتى قەۋمىنى ھىدايەتكە باشلاش ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىدى. ئېھتىمال قەۋمى ئۇنىڭغا: سەن بىزنىڭ مەبۇدلىرىمىزنى تەرك ئېتىپ، مۇشۇ پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلىۋاتقان بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلامسەن؟ دەپ سورىغان بولۇشى، ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋابەن ئۇ بۇ سۆزنى ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن. مۇپەسسىرلەر بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ھەبىب نەججار ئىكەنلىكىنى نەقىل قىلغان. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

② بۇ يەردە ئۇنىڭ قەۋمى ئىبادەت قىلىدىغان باتىل مەبۇدلارنىڭ قابىلىيەتسىز ۋە يارامسىزلىقى بايان قىلىندى. مەزكۇر پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى مۇشۇنداق شىرىك ۋە گۇمراھلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. «قۇتقۇزالمايدۇ»نىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر ئاللاھ تائالا ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، بۇ باتىل مەبۇدلار مېنى زىيان-زەخمەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.

③ يەنى ئەگەر مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بۇ يارامسىز ۋە قابىلىيەتسىز مەبۇدلارغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىسام، ئۇ چاغدا مەنمۇ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا قالغان بولىمەن. ﴿ضَلَٰلٍ﴾ «ئازغۇنلۇق» بۇ يەردە " خُسْرَانٌ " «زىيانكارلىق» مەنىسىدە كەلگەن دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. يەنى ئېنىقكى، مەن سودىدا زىيان تارتقان بولىمەن.

④ ئۇنىڭ ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىقتىن ئىبارەت تەۋھىدكە دەۋەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنى تەستىقلاپ قوللىغانلىقى سەۋەبىدىن قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان چاغدا، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىمانىغا ئۇلارنى گۇۋاھ قىلىش مەقسىتىدە بۇ سۆزلەرنى ئېيتقان. ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەق دىندا تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن قەۋمىگە شۇنداق خىتاب قىلغان، يەنى سىلەر خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، لېكىن بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم. مۇپەسسىرلەرنىڭ نەقىل قىلىشىچە: شۇ ۋاقىتتا قەۋمى ئۇنىڭغا بىردەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ھېچكىم ئۇلارنى بۇ ئىشتىن توسمىغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن.

قِيلَ ٱدْخُلِ ٱلْجَنَّةَ ۖ قَالَ يَٰلَيْتَ قَوْمِى يَعْلَمُونَ ﴿٢٦﴾ بِمَا غَفَرَ لِى رَبِّى
وَجَعَلَنِى مِنَ ٱلْمُكْرَمِينَ ﴿٢٧﴾ ۞ وَمَآ أَنزَلْنَا عَلَىٰ قَوْمِهِۦ مِنۢ بَعْدِهِۦ
مِن جُندٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا كُنَّا مُنزِلِينَ ﴿٢٨﴾ إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً
وَٰحِدَةً فَإِذَا هُمْ خَٰمِدُونَ ﴿٢٩﴾ يَٰحَسْرَةً عَلَى ٱلْعِبَادِ ۚ مَا يَأْتِيهِم مِّن
رَّسُولٍ إِلَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٣٠﴾ أَلَمْ يَرَوْا۟ كَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم
مِّنَ ٱلْقُرُونِ أَنَّهُمْ إِلَيْهِمْ لَا يَرْجِعُونَ ﴿٣١﴾

*(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: «كاشكى قەۋمىم رەببىمنىڭ مېنى كەچۈرگەنلىكىنى ۋە ئىززەت-ئىكرامغا ئېرىشكەنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسىچۇ؟» دېدى① [27-26]. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئۈستىگە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئاسماندىن بىرەر*

***قوشۇن چۈشۈرمىدۇق② (ھەربىر قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى) چۈشۈرگۈچى بولمىدۇق③ [28]. (ئۇلارنىڭ جازاسى) بىرلا ئاۋاز بولدى، شۇ ھامان ئۇلار قېتىپ قالدى④ [29]. (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى) شۇنداق بەندىلەرگە ئەپسۇسكى⑤، ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى [30]. ئۇلار (يەنى مەككە ئاھالىسى) ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى — ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا (يەنى دۇنياغا ئەبەدىي) قايتىمايدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟⑥ (يەنى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟) [31].***

① يەنى رەببىمنىڭ مېنى ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغانلىقىم سەۋەبلىك يۇقىرى ماقامغا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى كاشكى قەۋمىم بىلسىچۇ؟ ئەگەر بىلگەن بولسا، ئۇلارمۇ ئىمان يولىنى تاللاپ، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە نېمەتلىرىگە لايىق بولار ئىدى. شۇنداق، بۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۆز قەۋمىنىڭ غېمىنى يېدى ۋە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى ئارزۇ قىلدى. ھەربىر ئىخلاسمەن مۇئمىن ئەنە شۇنداق ھەر ۋاقىت ئىنسانلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان، يامانلىقنى تىلىمەيدىغان، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان، ئازدۇرمايدىغان بولۇشى لازىم. كىشىلەر نېمە دېسە دېسۇن، قانداق جاۋاب قايتۇرسا، قايتۇرسۇن، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ، بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشى كېرەك.

② يەنى بۇ قەۋم ھەبىب نەججارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن بىز ئاسماندىن پەرىشتىلەردىن تەركىب تاپقان بىرەر قوشۇن چۈشۈرمىدۇق، چۈشۈرۈشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرىتى ئالدىدا ئۇ قەۋمنىڭ ناھايىتى ئاجىز ۋە كۈچسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بىر قاتتىق ئاۋاز بىلەنلا ھالاك قىلىندى.

③ يەنى قىسمىتىگە باشقا بىر ئۇسۇلدا ھالاك قىلىنىش يېزىلغان قەۋمگە پەرىشتىلەرنى چۈشۈرمەيمىز.

④ مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قاتتىق بىر چىقىرىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىنىڭ جېنى تېنىدىن جۇدا بولدى، ئۇلار تۇرغان جايلىرىدا قېتىپ قىلىشتى، بىر ئاۋاز بىلەن ئۇلار ئۆچكەن

چىراغدەك بولۇپ قالدى. خۇددى ئۆلۈم ھاياتلىق چىرىغىنى ئۆچۈرگەندەك، قاتتىق ئاۋاز ئۇلارنىڭ ئۈنىنى ئۆچۈردى.

⑤ بۇنىڭ بىر مەنىسى: ئۇلار قىيامەت كۈنى ئازابنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا، كاشكى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان بولساقچۇ! دەپ ئۆز ئىچىدە ھەسرەت چېكىدۇ ۋە پۇشايمان قىلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى: بەندىلەرگە قانداق بىر پەيغەمبەر كەلسىلا، ئۇلارنىڭ ئۇ پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلغانلىقىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئېچىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ بۇ ئايەتتە مەككە ئەھلى ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇش بار، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئىلگىرىكى قەۋملەر ھالاك بولغان. ئەگەر بۇلارمۇ ئىنكار قىلسا، ئۇلارغا ئوخشاش ھالاك بولىشى مۇمكىن.

وَإِن كُلٌّ لَّمَّا جَمِيعٌ لَّدَيۡنَا مُحۡضَرُونَ ٣٢ وَءَايَةٞ لَّهُمُ ٱلۡأَرۡضُ ٱلۡمَيۡتَةُ
أَحۡيَيۡنَٰهَا وَأَخۡرَجۡنَا مِنۡهَا حَبّٗا فَمِنۡهُ يَأۡكُلُونَ ٣٣ وَجَعَلۡنَا فِيهَا
جَنَّٰتٖ مِّن نَّخِيلٖ وَأَعۡنَٰبٖ وَفَجَّرۡنَا فِيهَا مِنَ ٱلۡعُيُونِ ٣٤ لِيَأۡكُلُواْ
مِن ثَمَرِهِۦ وَمَا عَمِلَتۡهُ أَيۡدِيهِمۡۚ أَفَلَا يَشۡكُرُونَ ٣٥

*ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئۈچۈن) ئالدىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ① [32]. (سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن) ئۆلۈك زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى چىقىرىپ بەرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىلدۇر② [33]. بىز ئۇ زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى بەرپا قىلدۇق③، ئۇنىڭدا بۇلاقلارنى ئېقىتىپ چىقاردۇق [34]. ئۇلار (يەنى كىشىلەر) ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن④، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى پەيدا قىلغان ئەمەس⑤، (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟ [35].*

① بۇ ئايەتتە ﴿إِنْ﴾ مەنپىي مەنىدە. ﴿لَمَّا﴾ «إِلَّا» مەنىسىدە كەلگەن. يەنى بارلىق ئىنسانلار يەنى ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە كەلگۈسىدە كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا ھازىر قىلىنىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

② يەنى بۇ ئىنسانلارغا يارىتقۇچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كامالى قۇدرىتىنى ۋە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ۋە ئالامەتتۇر.

③ يەنى قاغجىراپ كەتكەن ئۆلۈك زېمىننى ياشارتىش بىلەن پەقەت ئاشلىقلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن زور مىقداردا تۈرلۈك مېۋىلەرنىمۇ ئۈندۈرۈپ بەردۇق. بۇ يەردە پەقەت ئىككى خىل مېۋە تىلغا ئېلىندى. چۈنكى، بۇ ئىككى مېۋىنىڭ پايدىسى كۆپ بولۇپ، ئەرەبلەر ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئۇلارنىڭ دىيارىدا كۆپ بولىدىغان مېۋىلەردىن ئىدى. بۇ يەردە ئاشلىق مېۋىلەردىن بۇرۇن تىلغا ئېلىندى. چۈنكى، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان مەھسۇلات ھەم كۆپ، ھەم ئوزۇقلۇق قىممىتىمۇ يۇقىرىدۇر. يەنە ئىنسان بوغداي ۋە گۈرۈچ قاتارلىق ئاشلىقلار بىلەن غىزالانمىسا، پەقەت مېۋە-چېۋىلەر بىلەن بەدەننىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجى تولۇقلانمايدۇ.

④ يەنى بىر قىسىم يەرلەردە بۇلاقلارنى ئېقىتىپ چىقاردۇق، بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان باغلارنىڭ مېۋىسىنى كىشىلەر يېسۇن دەپ ئېقىنلار پەيدا قىلدۇق.

⑤ ئىمام ئىبنى جەرىرنىڭ نەزىرىدە بۇ يەردىكى ﴿مَا﴾ مەنپىي مەنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. يەنى ئاشلىق ۋە مېۋىلەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان ئالاھىدە مەرھەمىتىدۇر. بۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى، تەدبىرچانلىقى ۋە مېھنىتىدىن قولغا كەلگەن ئەمەس. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېمەتلىرىگە نېمە ئۈچۈن شۈكۈر قىلمايدۇ؟ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى ﴿مَا﴾ مەنپىي مەنىدە ئەمەس، بەلكى «الَّذِيْ»غا، كەن مەنىسىدە كەلگەن. يەنى «ئۇلار ئۇ باغلارنىڭ مېۋىسىنى ۋە ئۆز قوللىرى بىلەن يېتىشتۈرگەن باغلارنىڭ مېۋىسىنى يېسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلدۇق»، دېگەنلىك بولىدۇ. ئۆز قولى بىلەن قىلغان ئىشلار قاتارىغا بوز يەر ئېچىش، كۆچەت تىكىش، پەرۋىش قىلىش قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلۡأَزۡوَٰجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلۡأَرۡضُ وَمِنۡ أَنفُسِهِمۡ
وَمِمَّا لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٦﴾ وَءَايَةٞ لَّهُمُ ٱلَّيۡلُ نَسۡلَخُ مِنۡهُ ٱلنَّهَارَ فَإِذَا هُم
مُّظۡلِمُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱلشَّمۡسُ تَجۡرِي لِمُسۡتَقَرّٖ لَّهَاۚ ذَٰلِكَ تَقۡدِيرُ ٱلۡعَزِيزِ
ٱلۡعَلِيمِ ﴿٣٨﴾ وَٱلۡقَمَرَ قَدَّرۡنَٰهُ مَنَازِلَ

*زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن، (ئىنسانلارنىڭ) ئۆزلىرىدىن ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان مەخلۇقاتلاردىن ھەممىسىنى جۈپ ياراتقان ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر① [36]. كېچىمۇ ئۇلارغا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىلكى، بىز ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋەتكىنىمىزدە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋەتكىنىمىزدە)، ئۇلار شۇ ھامان قاراڭغۇدا قالىدۇ② [37]. كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ③، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىۋەتكەن ئىشىدۇر [38]. بىز ئاي ئۈچۈن سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق④،*

① يەنى ئىنسانلارنى ئەركەك-چىشى قىلىپ جۈپ ياراتقىنىمىزدەك، زېمىندىن چىقىدىغان زىرائەتلەرنىمۇ ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاسماندا ۋە زېمىننىڭ ئاستىدا سىلەر بىلمەيدىغان ۋە كۆرمەيدىغان نۇرغۇن مەخلۇقلار بار، ئۇلارنىمۇ ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتتۇق. دېمەك، مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىنى جۈپ ياراتتۇق. ئۆسۈملۈكلەردىمۇ ئەركەك-چىشىلىق ئالاھىدىلىك بار، ھەتتا ئاخىرەت ھاياتى دۇنيا ھاياتىنىڭ جۈپتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاخىرەت ھاياتىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر ئەقلىي دەلىلدۇر. پەقەت ئاللاھنىڭ زاتىلا مەخلۇقلاردىكى بۇ سۈپەتتىن خالىي ۋە بارلىق ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر. ئۇ جۈپ ئەمەس، تاق، يالغۇز، يەككە-يېگانىدۇر.

② يەنى ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن بىرى شۇكى، ئۇ كۈندۈزنى كېچىدىن ئايرىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. «سَلْخٌ»نىڭ مەنىسى ھايۋاننىڭ تېرىسىنى سويۇش، جىسمىدىن ئايرىۋېتىش، يەنى تېرىسىنى سويۇش بىلەن ئۇنىڭ گۆشى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا

كۈندۈزنى كېچىدىن ئايرىۋېتىدۇ. «أَظْلَمَ» قاراڭغۇلۇق كىردى دېگەن مەنىدە. خۇددى «أصبح »، «أمسى »، «أظهر»نىڭ مەنىلىرى سۈبھى ۋاقتى كىردى، شام ۋاقتى كىردى، چۈش ۋاقتى كىردى، بولغاندەك.

③ بۇ ئايەتتىكى ﴿لِمُسْتَقَرٍّ لَّهَا﴾ ﴿بەلگىلەنگەن جايى﴾ دېگەن ئىبارە توغرىسىدا ئۈچ خىل تەپسىر بار. بىرىنچىسى: كۈن ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن يولى (پەلەكى، ئوربىتىسى)دا سەير قىلىپ تۇرىدۇ، شۇ نۇقتىدىن سەير قىلىشنى باشلايدۇ، يەنە شۇ نۇقتىدا ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ يولىدىن بىر قەدەممۇ چىقىپ كەتمەيدۇ، باشقا سەييارىلەر بىلەنمۇ سوقۇشۇپ كەتمەيدۇ. ئىككىنچىسى: «كۈن ئۆزى توختايدىغان جايغا قەدەر سەير قىلىدۇ» دېگەن بولىدۇ. يەنى كۈننىڭ ماكان جەھەتتىكى توختاش بەلگىلەنگەن جايى ئەرشنىڭ ئاستىدۇر. سۈرە ھەج 18-ئايەتنىڭ شەرھىسىدە بايان قىلىنغاندەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر كۈنى قوياش پاتقاندىن كېيىن ئەرشنىڭ ئاستىغا كېلىپ سەجدە قىلىدۇ، ئۇ يەردىن قايتا چىقىشقا رۇخسەت سورايدۇ..». (سەھىھۇل بۇخارى 4802-ھەدىس) دېمەك ﴿لِمُسْتَقَرٍّ﴾ دىكى لام سەۋەبنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن دەپ ئالغاندا، يۇقىرىدىكى ئىككى خىل تەپسىر چىقىدۇ. ئۈچىنچىسى: بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى لام يۆنىلىش كېلىشنى بىلدۈرىدىغان «إِلَى» مەنىسىدە كەلگەن دەپ، ﴿بەلگىلەنگەن جايى﴾ دېگەن كۈننىڭ زامان جەھەتتىكى بەلگىلەنگەن جايىنى كۆرسىتىدۇ يەنى «كۈننىڭ سەير قىلىشى قىيامەت كۈنىگىچە بولىدۇ»، دېگەننى بىلدۈرىدۇ، قىيامەت كۈنى كۈن سەير قىلىشتىن توختايدۇ، دەيدۇ. بۇ ئۈچ خىل تەپسىرنىڭ ھەربىرى ئۆز ئورنىدا توغرا ھېسابلىنىدۇ.

④ ئاينىڭ سەير قىلىدىغان 28 مەنزىلى بار، ھەر كۈنى بىر مەنزىلگە يېتىپ بارىدۇ، يەنى ئاينىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا يەر شارىنى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىشى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا 28 كۈنچە ۋاقىت كېتىدۇ. ئاندىن ئىككى كېچە كۆرۈنمەي، ئۈچىنچى كېچىسى چىقىدۇ. يەنى ھىجرىيە كالىندارىغا ئاساسەن ھەر ئاينىڭ بېشىدا (يېڭى ئاي تۇغۇلغاندا)، بىر-ئىككى كۈن يېڭى ئاينى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئاي 30 كۈنلۈك بولسا، ئىككى كېچە كۆرۈنمەيدۇ، ئەگەر ئاي 29 كۈنلۈك بولسا، بىر كېچە كۆرۈنمەيدۇ. بۇ ئايەتتىن ئاينىڭ ھەرئىككى سەير قىلىشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

حَتَّىٰ عَادَ كَٱلۡعُرۡجُونِ ٱلۡقَدِيمِ ﴿٣٩﴾ لَا ٱلشَّمۡسُ يَنۢبَغِي لَهَآ أَن تُدۡرِكَ
ٱلۡقَمَرَ وَلَا ٱلَّيۡلُ سَابِقُ ٱلنَّهَارِۚ وَكُلّٞ فِي فَلَكٖ يَسۡبَحُونَ ﴿٤٠﴾ وَءَايَةٞ
لَّهُمۡ أَنَّا حَمَلۡنَا ذُرِّيَّتَهُمۡ فِي ٱلۡفُلۡكِ ٱلۡمَشۡحُونِ ﴿٤١﴾ وَخَلَقۡنَا لَهُم مِّن
مِّثۡلِهِۦ مَا يَرۡكَبُونَ ﴿٤٢﴾

***ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش(ئىنچىكە) بولۇپ قالىدۇ① [39]. كۈننىڭ ئايغا يېتىشۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)②، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس③، ھەر بىرى (ئايرىم) بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ④ [40]. (تۇپاندىن كېيىن يەر يۈزىدە ھايات داۋاملاشسۇن دەپ) ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى توشقۇزۇلغان كېمىگە (نۇھنىڭ كېمىسىگە) چىقارغانلىقىمىز ئۇلارغا (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) يەنە بىر دەلىلدۇر⑤ [41]. بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇنىڭغا (شۇ كېمىگە) ئوخشاش چۈشىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىدىغان قاتناش ۋاستىلىرىنى) ياراتتۇق⑥ [42].***

① يەنى ئاي ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يەتكىچە، خۇددى قۇرۇپ ئېگىلىپ قالغان كونا خورما شېخىدەك، كىچىكلەپ ئىنچىكە بولۇپ قالىدۇ. ئاينىڭ مەنزىللەر بويىچە سەير قىلىشىدىن زېمىن ئەھلى كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللارنىڭ ھېسابىنى بىلەلەيدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئىبادەت ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەيدۇ.

② يەنى كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئايلىنىدىغان ئوربىتىسى ۋە مەنزىلى ئايرىم بولىدۇ. كۈن پەقەت كۈندۈزدە چىقىدۇ (كۆرۈنىدۇ)، ئاي پەقەت كېچىدە چىقىدۇ (كۆرۈنىدۇ)، ھەرگىز ئەكسىچە بولمايدۇ. مانا بۇ كائىناتنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى زاتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان چوڭ بىر دەلىلدۇر.

③ بەلكى، ئىككىسىنىڭ ھەربىرى يەنە بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن تەرتىپ بىلەن ئەگىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى بەلگىلەنگەن نىزام بويىچە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، سۈرئەتتە ئىلگىرى - كېيىن بولماي ئايلىنىشقا بويسۇندۇرۇلغان.

④ ﴿كُلٌّ﴾ ھەممىسى دېگەندىن كۈن، ئاي ياكى ئۇلار بىلەن باشقا سەييارە يۇلتۇزلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئوربىتىسىدا ئۈزىدۇ، بىر-بىرى بىلەن سوقۇشۇپ كەتمەيدۇ.

⑤ بۇ ئايەتنىڭ بىر تەپسىرى مۇنداق: ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكەرتىپ ئېيتىدۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن دېڭىزدا كېمىلەر بىلەن يۈرۈشنى ئاسان قىلىپ بەردى، ھەتتا سىلەر لىق توشقۇزۇلغان كېمىلەردە باللىرىڭلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىسىلەر. ئىككىنچى تەپسىرى: بۇ يەردىكى ﴿ذُرِّيَّتَهُمْ﴾ دېگەن ئەجدادلىرىنى، ﴿الْفُلْكِ الْمَشْحُونِ﴾ «توشقۇزۇلغان كېمە» نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىقارغان كىشىلەردىن ئىنسانلارنىڭ نەسلى داۋاملاشتى. بۇ كېمىدىكىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى.

⑥ بۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇستىدە ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىدىغان نەرسىلەر يولۇچىلارنى، مال-مۈلۈك ۋە يۈك-تاقلارنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەيدىغان قاتناش ۋاستىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا قىيامەتكە قەدەر ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئايروپىلان، پاراخوت، پويىز، مېترو، ئاپتوموبىل، ئاپتوبۇس قاتارلىق ترانسپورت ۋە قاتناش ۋاستىلىرىمۇ كىرىدۇ.

وَإِن نَّشَأْ نُغْرِقْهُمْ فَلَا صَرِيخَ لَهُمْ وَلَا هُمْ يُنقَذُونَ ﴿٤٣﴾ إِلَّا رَحْمَةً
مِّنَّا وَمَتَٰعًا إِلَىٰ حِينٍ ﴿٤٤﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّقُواْ مَا بَيْنَ أَيْدِيكُمْ
وَمَا خَلْفَكُمْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٤٥﴾ وَمَا تَأْتِيهِم مِّنْ ءَايَةٍ مِّنْ
ءَايَٰتِ رَبِّهِمْ إِلَّا كَانُواْ عَنْهَا مُعْرِضِينَ ﴿٤٦﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ أَنفِقُواْ
مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنُطْعِمُ مَن

لَّوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ أَطْعَمَهُۥٓ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِى ضَلَـٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٤٧﴾ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ
هَـٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿٤٨﴾ مَا يَنظُرُونَ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً
تَأْخُذُهُمْ وَهُمْ يَخِصِّمُونَ ﴿٤٩﴾

***ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز ـ دە، ئۇ چاغدا ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارنى قۇتقۇزغۇچىمۇ بولمايدۇ [43]. لېكىن بىز رەھىم قىلغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا (ئۇلارنى غەرق قىلمىدۇق) [44]. ئۇلارغا: «رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئالدىڭلاردىكىدىن (يەنى دۇنيا ئازابىدىن) ۋە ئارقاڭلاردىكىدىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) قورقۇڭلار» دېيىلسە (ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ) [45]. ئۇلارغا (پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) رەببىڭنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ① [46]. ئەگەر ئۇلارغا: «ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (پېقىرلارغا) سەدىقە قىلىڭلار②» دېيىلسە، كاپىرلار مۇئمىنلەرگە قارىتىپ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۆزى رىزىقلاندۇرىدىغان ئادەمنى بىز باقامدۇق؟③ سىلەر پەقەت ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنسىلەر» دەيدۇ④ [47]. ئۇلار يەنە: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (قىلىنغان قىيامەت) قاچان بولىدۇ؟» دەيدۇ [48]. ئۇلار (دۇنيادا سودا ـ سېتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدە) بىر ـ بىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ تۇرغان پەيتتە، تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان بىر ئاۋازنىلا (يەنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىملىق چالغان سۇرنىلا) كۈتىدۇ⑤ [49].***

① يەنى قاچان ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقى، پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر دەلىل ياكى ئالامەت كەلسە، ئۆزلىرىگە پايدىلىق تۇرسىمۇ، ئۇ دەلىل ھەققىدە ئويلانمايدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھەر قانداق دەلىل ـ ئىسپاتتىن يۈز ئۆرۈش ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر.

② يەنى غېرىبلەر، پېقىر-مىسكىنلەر ۋە ھاجەتمەنلەرگە سەدىقە بېرىڭلار دېيىلسە، بەرمەيدۇ.

③ يەنى ئۇلار: ئاللاھ خالىغان بولسا، ئۇلارنى پېقىر قىلمىغان بولاتتى، بىز ئۇلارغا بىر نەرسە بېرىپ، ئاللاھنىڭ خاھىشىغا خىلاپ ئىش قىلامدۇق؟ دەيدۇ.

④ يەنى سىلەر بىزنى غېرىبلارغا ياردەم قىلىڭلار دېيىش بىلەن ئوچۇق خاتالىق سادىر قىلىۋاتىسىلەر. ئۇلارنىڭ «پېقىرلىق ۋە موھتاجلىق ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى توغرا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى باھانە قىلىپ ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن يۈز ئۆرۈشنى جايىز قىلىۋېلىشى توغرا ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا ئەمرى قىلغۇچىمۇ ئاللاھ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ رىزالىقى پېقىر-مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىشتا ئەمەسمۇ؟ شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن رىزالىقى ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم نەرسىدۇر. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى تەكۋىنىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تەكۋىنىي ئىرادىسى بويىچە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىشلاردىكى ھېكمەت ۋە مەنپەئەتنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا رىزالىقى ئۆزى بەلگىلىگەن شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇ ئەھكاملارنى بەجا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغانمىز.

⑤ كىشىلەر ئادەتلىرى بويىچە بازارلاردىكى ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدا دەتالاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز سۇر چېلىنىدۇ، ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ. بۇ بىرىنچى قېتىملىق سۇر ھېسابلىنىدۇ. بۇ «نَفْخَةُ فَزَعٍ» قورقۇتماق ئۈچۈن چېلىنغان سۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىدۇ، بۇ «نَفْخَةُ الصَّعْقِ» ئۆلمەك ئۈچۈن چېلىنغان سۇر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھتىن باشقا بارلىق مەخلۇقات ئۆلىدۇ.

فَلَا يَسْتَطِيعُونَ تَوْصِيَةً وَلَآ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمْ يَرْجِعُونَ ﴿٥٠﴾ وَنُفِخَ فِى
ٱلصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ ٱلْأَجْدَاثِ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ ﴿٥١﴾ قَالُوا۟ يَٰوَيْلَنَا
مَنۢ بَعَثَنَا مِن مَّرْقَدِنَا ۜ هَٰذَا مَا وَعَدَ ٱلرَّحْمَٰنُ وَصَدَقَ

ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٥٢﴾ إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَّدَيْنَا
مُحْضَرُونَ ﴿٥٣﴾ فَٱلْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا وَلَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ
تَعْمَلُونَ ﴿٥٤﴾ إِنَّ أَصْحَٰبَ ٱلْجَنَّةِ ٱلْيَوْمَ فِى شُغُلٍ فَٰكِهُونَ ﴿٥٥﴾ هُمْ
وَأَزْوَٰجُهُمْ فِى ظِلَٰلٍ عَلَى ٱلْأَرَآئِكِ مُتَّكِـُٔونَ ﴿٥٦﴾ لَهُمْ فِيهَا فَٰكِهَةٌ
وَلَهُم مَّا يَدَّعُونَ ﴿٥٧﴾

*ئۇ (ئاۋاز كەلگەن) چاغدا ئۇلار بىر ـ بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ [50]. سۈر چېلىنغان① هامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ رەببى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ [51]. ئۇلار: «ۋاي ئىسىت بىزگە! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن) كىم ئويغىتىۋەتتى؟②» دەيدۇ، (پەرىشتىلەر يا مۇئمىنلەر ئۇلىنڭغا جاۋابەن) «رەهمان ئاللاھ ۋەدە قىلغان (قىيامەت) مۇشۇدۇر، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان» (دەيدۇ) [52]. (تىرىلىپ قەبرىلەردىن چىقىش) پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا بولىدۇ، شۇ (ئاۋاز چىققان) هامان ئۇلارنىڭ هەممىسى (هېساب ئۈچۈن) هۇزۇرىمىزغا هازىر قىلىنىدۇ [53]. ئۇ كۈندە هېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلغان ئىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ [54]. شۈبهىسىزكى، جەننەت ئەهلى ئۇ كۈندە نېمەت ئىچىدە هۇزۇر سۈرىدۇ③ [55]. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپلىرى (جەننەتتىكى) سايىلەر ئاستىدا تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ [56]. ئۇلارغا جەننەتتە (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇلارغا جەننەتتە كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بار [57].*

① يۇقىرىدىكى تەپسىرگە ئاساسەن بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق سۈر چېلىش هېسابلىنىدۇ. بۇ سۈر «نَفْخَةُ الْبَعْثِ وَالنُّشُورِ» ئىنسانلارنىڭ تۇپراقنىڭ ئاستىدىن، قەبرىلەردىن تىرىلىپ قوپۇشى ئۈچۈن چېلىنىدىغان سۈر دەپ ئاتىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ ئايەتتە قەبرىنىڭ «ئۇخلاۋاتقان يېرىمىز» دەپ ئىپادىلەنگەنلىكىنىڭ مەنىسى ئۇلار قەبرىلىرىدە ئازابلانمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى،

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئازابنىڭ قاتتىقلىقى ۋە دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلىرىگە نىسبەتەن قەبرىدىكى ئازاب ئۇلارغا ئۇخلاپ كۆرگەن چۈشتەك بىلىنىدۇ.

③ ﴿فَٰكِهُونَ﴾نىڭ مەنىسى «فَرِحُوْنَ» يەنى ئۇلار قاتتىق خۇشاللىق ئىچىدە بولىدۇ.

سَلَٰمٞ قَوۡلٗا مِّن رَّبّٖ رَّحِيمٖ ﴿٥٨﴾ وَٱمۡتَٰزُواْ ٱلۡيَوۡمَ أَيُّهَا ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٥٩﴾
۞ أَلَمۡ أَعۡهَدۡ إِلَيۡكُمۡ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ أَن لَّا تَعۡبُدُواْ ٱلشَّيۡطَٰنَۖ إِنَّهُۥ
لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ﴿٦٠﴾ وَأَنِ ٱعۡبُدُونِيۚ هَٰذَا صِرَٰطٞ مُّسۡتَقِيمٞ ﴿٦١﴾
وَلَقَدۡ أَضَلَّ مِنكُمۡ جِبِلّٗا كَثِيرًاۖ أَفَلَمۡ تَكُونُواْ تَعۡقِلُونَ ﴿٦٢﴾

***رەھىم ـ شەپقەتلىك رەببى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) «سالام» دېيىلىدۇ① [58]. (گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (مۆئمىنلەردىن) ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ)② [59]. مەن سىلەردىن: «ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر③، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار④، بۇ توغرا يولدۇر⑤» دەپ ئەھدە ئالمىدىممۇ؟⑥ [60 ـ 61] شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتتى، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلارمۇ؟⑦ [62]***

① ئاللاھ تائالانىڭ سالامىنى پەرىشتىلەر جەننەت ئەھلىگە يوللايدۇ. ئىبنى جۇرەيج، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئۆزى جەننەت ئەھلىگە سالام قىلىدۇ.

② يەنى مۆئمىنلەردىن ئايرىلىپ تۇرۇڭلار، مەھشەر مەيدانىدا مۆئمىنلەر كاپىرلاردىن، ئىتائەتمەنلەر گۇناھكارلاردىن ئايرىۋېتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ﴾.[(سۈرە رۇم 14-ئايەت) ﴿بۇ كۈندە ئۇلار )نىڭ بىر پىرقىسى جەننەتكە، بىر پىرقىسى جەھەننەمگە) ئايرىلىدۇ﴾. (سۈرە رۇم 43-ئايەت) يەنە بىر مەنىسى: گۇناھكارلار ئايرىم-ئايرىم گۇرۇھلارغا بۆلىنىدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىيلار

گۇرۇھى، خىرىستىئانلار گۇرۇھى، سابىئىنلار گۇرۇھى، مەجۇسىيلار گۇرۇھى، زىناخورلار گۇرۇھى ۋە ھاراقكەشلەر گۇرۇھى دېگەندەك ھەرخىل گۇرۇھلارغا بۆلىنىدۇ.

③ يەنى سىلەرنى شەيتانغا چوقۇنۇشتىن ۋە ئۇنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگىشىشتىن چەكلەشتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ سىلەرنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئازدۇرۇشقا قەسەم ئىچكەن ئوچۇق-ئاشكارا دۈشمەندۇر.

④ يەنى سىلەردىن يەنە ماڭىلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئىبادەتتە ھېچكىمنى ماڭا شېرىك قىلماسلىققا ئەھدە ئالغان ئەمەسمۇ؟

⑤ يەنى پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئۆزى توغرا يولدۇر. بارلىق پەيغەمبەرلەر مۇشۇ يولغا دەۋەت قىلىپ كەلگەن. بۇ مۇراد-مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان، جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر.

⑥ بۇ يەردىكى ئەھدىدىن ئۆز ۋاقتىدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن كېلىدىغان ئەۋلادلىرى چىقىرىلغان چاغدا، ئۇلاردىن ئېلىنغان «ئەلەستۇ ئەھدىسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياكى ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈلۈپ كەلگەن تەۋسىيە ۋە نەسىھەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇنىڭدىن ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئاللاھ تائالا ياراتقان ئەقلىي دەلىللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑦ يەنى شەيتاننىڭ سىلەرگە دۈشمەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەقلىڭلار يوقمۇ؟ مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار، مەن سىلەرگە رىزىق بېرىمەن، كېچە-كۈندۈز سىلەرنى ھىمايە قىلىمەن، شۇڭا سىلەر مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلماسلىقىڭلار لازىم. سىلەر شەيتاننىڭ دۈشمەنلىكىنى ۋە مېنىڭ ئىبادەت ھەققىمنى چۈشەنمەي، ناھايىتى ئەقىلسىزلىق ۋە نادانلىق قىلىۋاتىسىلەر.

هَٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ﴿٦٣﴾ ٱصۡلَوۡهَا ٱلۡيَوۡمَ بِمَا كُنتُمۡ
تَكۡفُرُونَ ﴿٦٤﴾ ٱلۡيَوۡمَ نَخۡتِمُ عَلَىٰٓ أَفۡوَٰهِهِمۡ وَتُكَلِّمُنَآ أَيۡدِيهِمۡ وَتَشۡهَدُ
أَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٦٥﴾ وَلَوۡ نَشَآءُ لَطَمَسۡنَا عَلَىٰٓ أَعۡيُنِهِمۡ

فَٱسۡتَبَقُواْ ٱلصِّرَٰطَ فَأَنَّىٰ يُبۡصِرُونَ ﴿٦٦﴾ وَلَوۡ نَشَآءُ لَمَسَخۡنَٰهُمۡ عَلَىٰ
مَكَانَتِهِمۡ فَمَا ٱسۡتَطَٰعُواْ مُضِيّٗا وَلَا يَرۡجِعُونَ ﴿٦٧﴾

***مانا بۇ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەھەننەمدۇر [63]. سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن ئۇنىڭغا كىرىڭلار① [64]. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)② [65]. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىۋېتەتتۇق-دە، ئاندىن ئۇلار يولنى تېپىۋېلىشقا ئالدىرايتتى، (لېكىن) ئۇلار قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟③ [66]. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى تۇرغان يېرىدىلا باشقا نەرسىگە (يەنى مايمۇن، چوشقا ياكى تاشقا) ئايلاندۇرۇپ قوياتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ قايتالمايتتى④ [67].***

① ئەمدى شۇ ئەقىلسىزلىقىڭلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك جەھەننەمدىكى قاتتىق ئازابنىڭ تەمىنى تېتىڭلار.

② ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلەش شۇ ۋەجىدىن زۆرۈر بولۇپ قالىدۇكى، قىيامەت كۈنىمۇ مۇشرىكلار دەسلەپتە يالغان ئېيتىدۇ ۋە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: ﴿رەببىمىز ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾ دەيدۇ (سۈرە ئەنئام 23-ئايەت)، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ، ئۇلار ئۆز ئېغىزلىرى بىلەن سۆزلەش ئىقتىدارىدىن قالىدۇ. ئەمما، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ باشقا ئەزالىرىغا سۆزلەش ئىقتىدارى ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرى: سەن بىزنى ئىشلىتىپ پالانى ئىشلارنى قىلغان، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى: سەن بىز بىلەن ئاشۇ ئىشلارنى قىلىدىغان يەرگە بارغان، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. دېمەك، گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرىكى ئىككى شەرت ھازىرلانغان بولىدۇ. ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان جايدا سۆزلىيەلەيدىغان ئېغىزغا قارشى سۆزلىيەلمەيدىغان ئەزالارنىڭ سۆزلەپ

گۈۋاھلىق بېرىشى ئەڭ كۈچلۈك دەلىل-ئىسپات ھەم كاتتا مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بۇ مەزمۇن ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنغان. (سەھىھ مۇسلىم 2969-ھەدىسكە قارالسۇن)

③ يەنى ئۇلار كۆزلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يولنى قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟ لېكىن بىز مەرھەمەت يۈزىسىدىن ئۇنداق قىلمىدۇق.

④ يەنى ئۇلار ئالدىغىمۇ ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان، ئارقىغىمۇ چېكىنەلمەيدىغان، تاشقا ئوخشاش بىر جايدىلا تۇرىدىغان بولۇپ قالاتتى. " مَسْخٌ "نىڭ مەنىسى ئەسلي يارىتىلغان شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىش يەنى ئىنساننى تاشقا ياكى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىش دېمەكتۇر.

وَمَن نُّعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِى ٱلْخَلْقِ ۖ أَفَلَا يَعْقِلُونَ ﴿٦٨﴾ وَمَا عَلَّمْنَٰهُ
ٱلشِّعْرَ وَمَا يَنۢبَغِى لَهُۥٓ

***بىز كىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساق، ئۇنىڭ تېنىنى (دەسلەپتىكى ئاجىزلىق ھالىتىگە) قايتۇرۇۋېتىمىز①، ئۇلار (بۇنى) ئويلاپ باقامدۇ؟② [68]. بىز ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە) شېئىر ئۆگەتمىدۇق، ئۇنىڭغا (شېئىر) مۇناسىپمۇ ئەمەس③.***

① يەنى بىز كىمگە ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسەك، ئۇنىڭ ياشلىقتىكى پائالىيەتچان ۋە كۈچلۈك ھالىتىنى ئاجىز ۋە زەئىپ ھالەتكە ئۆزگەرتىۋېتىمىز. يەنى ئىنسان بالىلىق ھالەتتىن تەدرىجىي چوڭ بولۇپ، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇپ ماڭىدۇ، ھەتتا يىگىتلىك ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ھالەتكە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىگە قايتىشقا، ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچى ئاجىزلىششقا باشلايدۇ، ئاخىرى كىچىك بالىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

② ئۇلار ئويلاپ باقامدۇكى، بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قادىر ئاللاھ، ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟

③ مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش

ئۈچۈن ھەر خىل بوھتانلارنى توقۇپ تۇراتتى. شۇ بوھتانلارنىڭ بىرىدە ئۇلار: مۇھەممەد شائىر، قۇرئان ئۇنىڭ شېئىرى، دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە رەددىيە بەردى. يەنى مۇھەممەد شائىر ئەمەس، قۇرئان شېئىرلار توپلىمىمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ پەقەت ۋەز-نەسىھەتتۇر. شائىرلىقتا كۆپ ھاللاردا ئىشنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش، كىشىنىڭ دەرىجىسىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى ماختاپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، خىيالىي تەسۋىر ۋە پەرەزلەرلا بولىدۇ. شۇ تەرىقىدە شائىرلىق يالغانغا ئاساسلىنىدۇ. يەنە كېلىپ شائىرلار ئىستىلدا ئەمەس، پەقەت گەپ-سۆزدە قەھرىمان بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿بىز ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە) شېئىر ئۆگەتمىدۇق، ئۇنىڭغا (شېئىر) مۇناسىپمۇ ئەمەس﴾. يەنى بىز ئۇنىڭغا شېئىر ۋەھيي قىلمىدۇق، ھەتتا بىز ئۇنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى شېئىرغا قىزىقمايدىغان قىلدۇق. شۇ ۋەجىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام گاھىدا باشقىلارنىڭ شېئىرىنى يادا ئوقۇماقچى بولسىمۇ ئاغزى كەلمەي ئوقۇيالمايتتى، ئوقۇسىمۇ، شېئىرنىڭ قاپىيە-ۋەزىنلىرى بۇزۇلۇپ كېتەتتى. بۇنىڭ مىساللىرى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ شېئىر ئوقۇيالماسلىقى ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە بولىدۇ، شەكلەنگۈچىلەرنىڭ شۈبھىلىرىنى يوقىتىدۇ، قۇرئان ئۇنىڭ شېئىري ئىجادىيىتى دېيەلمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغانلىقىمۇ يەنى ساۋاتسىزلىقىمۇ، ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ مۇھەممەد قۇرئاننى پالانچىدىن ئۆگىنىپ تۈزۈۋالغان دېيەلمەسلىكى ئۈچۈن كۈچلۈك دەلىلدۇر. بىر-ئىككى قېتىم تاسادىپەن ئۇنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن چىققان ئىبارىنىڭ شېئىري قاپىيە ۋە ئارۇز ۋەزنىگە ئۇيغۇن بولۇپ قېلىشىمۇ، ئۇنىڭ شائىرلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن: ھۇنەيىن غازىتىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىققان تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئىككى مىسرالىق شېئىردەك بولۇپ قېلىشى تامامەن بىر تاسادىپىيلىق ئىدى:

أنا النبي لا كذب، أنا ابن عبد المطلب

مەنىسى: يالغىنى يوقكى مەن پەيغەمبەرمەن، شەكسىزكى مەن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلىمەن.يەنە بىر غازاتتا بارمىقى زەخمىلەنگەندە ئېيتقان سۆزلىرى:

هل أنت إلا إصبع دميت، وفي سبيل الله ما لقيت.

مەنىسى: سەن بولساڭ قانغىچە بىر بارماقسەن، ئاللاھنىڭ يولىدا يارىلاندىڭسەن. (بۇنىڭ تەپسىلاتى سەھىھۇل بۇخارى 2802-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1796-ھەدىستە)

إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ وَقُرْءَانٌ مُّبِينٌ ﴿٦٩﴾ لِّيُنذِرَ مَن كَانَ حَيًّا وَيَحِقَّ
ٱلْقَوْلُ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٧٠﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا خَلَقْنَا لَهُم مِّمَّا عَمِلَتْ
أَيْدِينَآ أَنْعَٰمًا فَهُمْ لَهَا مَٰلِكُونَ ﴿٧١﴾ وَذَلَّلْنَٰهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ
وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ ﴿٧٢﴾ وَلَهُمْ فِيهَا مَنَٰفِعُ وَمَشَارِبُ ۖ أَفَلَا يَشْكُرُونَ ﴿٧٣﴾
وَٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةً لَّعَلَّهُمْ يُنصَرُونَ ﴿٧٤﴾

*ئۇنىڭ يەتكۈزۈۋاتقىنى پەقەت (قەلبى) تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش①، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز - نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر② [69-70]. ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۆز (قۇدرەت) قولىمىز بىلەن ياسىغان نەرسىلەردىن③ ئۇلار ئۈچۈن تۇرغۇن چارۋىلارنى(مۇ)④ يارىتىپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلاردۇر⑤ [71]. ئۇ چارۋىلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق⑥، ئۇلار ئۇ چارۋىلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ [72]. ئۇلار شۇ چارۋىلاردىن پايدىلىنىدۇ، سۈتلىرىنى ئىچىدۇ⑦. ئۇلار (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟ [73]. مۇشرىكلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى⑧ [74]*

① يەنى ھەقنى قوبۇل قىلىدىغان، باتىلنى ئىنكار قىلىدىغان قەلبكە ئىگە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن. ﴿لِيُنْذِرَ﴾دىكى ئالماش قۇرئاننى كۆرسىتىدۇ. يەنى قۇرئان ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن نازىل بولغاندۇر.

② كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغاندۇر.

③ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا چارۋىلارنى يارىتىشتا باشقىلارنىڭ ھېچ شېرىكچىلىكى بولمىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ﴿ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۆز (قۇدرەت) قولىمىز بىلەن ياسىغان نەرسىلەردىن ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن چارۋىلارنى(مۇ) يارىتىپ بەردۇق﴾ دېدى. يەنى ئۇلارنى يارىتىشتا ھېچكىمنىڭ شېرىكچىلىكى يوق.

④ ﴿اَنْعَامًا﴾ " نَعَمٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار ئۇ چارۋىلارنى خالىغانچە باشقۇرىدۇ، چارۋىلارمۇ ئۇلارغا بويسۇنىدۇ. ئەگەر بىز ئۇ چارۋىلارنىڭ خاراكتېرىنى (بىر قىسىم ھايۋانلارغا ئوخشاش) بويسۇنمايدىغان ياۋۇز قىلغان بولساق، يىراقلارغا قېچىپ كېتىپ، تۇتۇق بەرمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ چارۋىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلالمىغان بولاتتى.

⑥ يەنى ئاللاھ بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ چارۋىلاردىن قانداق پايدىلانماقچى بولسا، شۇنداق پايدىلىنالايدۇ، ھەتتا ئۇلارنى بوغۇزلىماقچى بولسىمۇ، ئىگىلىرىگە قارشى تۇرمايدۇ، بويۇن ئېگىپ تۇرىدۇ يەنە تېخى كىچىك باللار يېتىلىسىمۇ كەينىدىن ماڭىدۇ.

⑦ يەنى ئۇلارغا مىنىش، يۈك ئارتىش، گۆشىنى يېيىش ۋە سۈتلىرىنى ئىچىشتىن باشقا يەنە كۆپ مەنپەئەت ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۇ چارۋىلارنىڭ يۇڭلىرى ۋە تېرىلىرىدىن كۆپ نەرسىلەر ياسىلىدۇ، ياغلىرىدىن ماي ئېلىنىدۇ، يەنە يەر ھەيدەش ۋە ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغىمۇ يارايدۇ.

⑧ يەنى ئۇلار پايدىلىنىۋاتقان مەزكۇر نېمەتلەرنىڭ ھەممىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان تۇرسا، يەنە ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق قىلامدۇ؟ ئۇلار بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇمىدنى باشقىلارغا باغلاپ، ئۇلارنى ئىلاھ قىلىۋالامدۇ؟

لَا يَسْتَطِيعُونَ نَصْرَهُمْ وَهُمْ لَهُمْ جُندٌ مُّحْضَرُونَ ﴿٧٥﴾ فَلَا يَحْزُنكَ
قَوْلُهُمْ إِنَّا نَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٧٦﴾ أَوَلَمْ يَرَ ٱلْإِنسَٰنُ
أَنَّا خَلَقْنَٰهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ ﴿٧٧﴾ وَضَرَبَ لَنَا

مَثَلًا وَنَسِيَ خَلۡقَهُۥۖ قَالَ مَن يُحۡيِ ٱلۡعِظَٰمَ وَهِيَ رَمِيمٞ ﴿٧٨﴾ قُلۡ
يُحۡيِيهَا ٱلَّذِيٓ أَنشَأَهَآ أَوَّلَ مَرَّةٖۖ وَهُوَ بِكُلِّ خَلۡقٍ عَلِيمٌ ﴿٧٩﴾ ٱلَّذِي
جَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلشَّجَرِ ٱلۡأَخۡضَرِ نَارٗا فَإِذَآ أَنتُم مِّنۡهُ تُوقِدُونَ ﴿٨٠﴾

***(ئۇ ئىلاھلار) ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) شۇ ئىلاھلارنىڭ (خىزمىتى ئۈچۈن) ھازىر بولغۇچى قوشۇندۇر① [75]. (ئى، پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ (كۇفرى) سۆزلىرى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغان (سۆز ۋە ھەرىكەت) لىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىمىز [76]. ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتقان ئىدۇق. مانا ئەمدى بولسا ئۇ ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى [77]. ئۇ بىزگە (چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇپ: «بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى [78]. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ②، ئۇ بارلىق مەخلۇقاتنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر» [79]. ئۇ سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن ئوت ياقىسىلەر③ [80].***

① ﴿جُندٞ﴾ بۇتلارنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە قوغدايدىغان قوشۇننى كۆرسىتىدۇ. ﴿مُّحۡضَرُونَ﴾ دۇنيادا ئۇ بۇتلارنىڭ يېنىغا ھازىر بولىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بۇتلار ئۇلارغا ياردەم بېرەلەمدۇ؟ ياق، ئۇ بۇتلار ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشقىمۇ قادىر ئەمەستۇر. ئەگەر بىر كىم ئۇ بۇتلارنى ئەيىبلىسە ياكى يامان گېپىنى قىلسا، بۇ كىشىلەر جىددىي بىر شەكىلدە ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداشقا ئۆتىدۇ، بۇ چاغدىمۇ ئۇلار ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلغان بۇتلار ياردەم قىلالماي جىم تۇرىدۇ.

② يەنى ئىنساننى ئەرزىمەس مەنىيدىن ياراتقان ئاللاھ، ئۇ ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقە ھەدىستە مۇنداق

بايان قىلىنغان: «بىر ئادەمنىڭ ئەجىلى توشۇپ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن چاغدا ئائىلىسىدىكىلەرگە: مەن ئۆلۈپ كەتسەم جەسىتىمنى كۆيدۈرۈڭلار، كۈلىنىڭ يېرىمىنى دېڭىزغا، قالغان يېرىمىنى شامال چىققان كۈندە قۇمغا سورىۋېتىڭلار دەپ، ۋەسىيەت قىلدى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ كۈلىنى جەملەپ، قايتا تىرىلدۈردى، ئاندىن ئۇنىڭغا: نېمىشقا مۇنداق قىلدىڭ؟ دېدى. ئۇ ئادەم: ئى رەببىم، سېنىڭدىن قورقۇپ (شۇنداق قىلدىم) دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى مەغپىرەت قىلدى». (سەھىھۇل بۇخارى 6480-ھەدىس)

③ «يېشىل دەرەخ» دېگەندە ئەرەب زېمىنىدا ئۆسىدىغان «مەرخ ۋە ئەفار» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى خىل دەرەخنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دەرەختىن ئىككى تال يېشىل شاخچىنى كېسۋېلىپ بىر-بىرىگە سۈركىسە، ئۇ ئىككى شاخچىنىڭ ئارىسىدىن ئوت چىقىدۇ.

أَوَلَيْسَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِقَـٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يَخْلُقَ مِثْلَهُمۚ
بَلَىٰ وَهُوَ ٱلْخَلَّـٰقُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨١﴾ إِنَّمَآ أَمْرُهُۥٓ إِذَآ أَرَادَ شَيْـًٔا أَن يَقُولَ لَهُۥ
كُن فَيَكُونُ ﴿٨٢﴾ فَسُبْحَـٰنَ ٱلَّذِى بِيَدِهِۦ مَلَكُوتُ كُلِّ شَىْءٍ وَإِلَيْهِ
تُرْجَعُونَ ﴿٨٣﴾

***ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟① ئۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قادىر. ئاللاھ ئاجايىپ ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [81]. ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەتلا «بول!» دەيدۇ ـ دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ② [82]. ھەربىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى قولىدا بولغان ئاللاھ پاكتۇر③، سىلەر (ئاخىر) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر④ [83].***

***① يەنى ئىنسانلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. دېمەك، ئىنسانلارنى دەسلەپتە ياراتقاندەك قايتا يارىتىشقا ۋە***

***تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىندىن ئىبارەت بۈيۈك نەرسىلەرنى يارىتىشنى ئىنسانلارنى يېڭىدىن يارىتىشقا دەلىل قىلىپ كەلتۈردى: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن چوڭ بىر ئىشتۇر﴾.[(سۇرە مۇئمىن 57 ـ ئايەت)، يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر. شەكسىزكى، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾. (سۇرە ئەھقاف 33 ـ ئايەت).***

② يەنى ئۇ ئاللاھ شۇ قەدەر ئۇلۇغ تۇرسا، ئۇنىڭغا بارلىق ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈش قانچىلىك ئىش ئىدى؟

③ " مُلْكٌ " ۋە ﴿مَلَكُوْتُ﴾ ھەر ئىككىسى ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، پادىشاھلىقنى كۆرسىتىدۇ، " رَحْمَةٌ رَحَمُوْتٌ، رَهْبَةٌ رَهَبُوْتٌ، جَبْرٌ جَبَرُوْتٌ " دېگەنگە ئوخشاش. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى ئاشۇرما دەرىجىدىكى سۈپەت دەپ قارايدۇ يەنى ﴿مَلَكُوْتُ﴾ " مُلْكٌ"نىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىدۇر. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى سىلەرنىڭ جىسمىڭلار تۇپراققا ئايلىنىپ پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتمەيدۇ. بەلكى، سىلەرگە قايتا جىسىم ئاتا قىلىنىدۇ. سىلەر باشقا بىر يەردىن پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن قېچىپمۇ كېتەلمەيسىلەر. سىلەر ھەر ھالەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم ھازىر بولىسىلەر، ئۇ يەردە سىلەرگە قىلمىشىڭلارغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ.

# سۈرە سافقات

| (٧٣) سورة الصفت مكية ١٨٢ آية | (37) سۈرە سافقات مەككىدە چۈشكەن 182 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلصَّٰٓفَّٰتِ صَفًّا ۝١ فَٱلزَّٰجِرَٰتِ زَجۡرًا ۝٢ فَٱلتَّٰلِيَٰتِ ذِكۡرًا ۝٣ إِنَّ
إِلَٰهَكُمۡ لَوَٰحِدٌ ۝٤

***سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغۇچى (پەرىشتىلەر) بىلەن، بۇلۇتلارنى قوزغاتقۇچى (پەرىشتىلەر) بىلەن، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغۇچىلار بىلەن قەسەمكى [1 ـ 3]. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ھەقىقەتەن بىر ئىلاھتۇر① [4].***

① «صٓفّٰت، زاجرات، تاليات » بۇ پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، ئۇلار «صٓفّٰت «ئاسمانلاردا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سەپ تۈزۈپ تۇرغۇچى ياكى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ سەپ-سەپ بولۇپ تۇرغۇچى، «زاجرات «ۋەز-نەسىھەت ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى ياكى بۇلۇتلارنى ئاللاھ بۇيرۇغان جايلارغا ھەيدىگۈچى، «تاليات «ئاللاھقا زىكىر ئېيتقۇچى ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى پەرىشتىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەبۇدى پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى، مۇشرىكلار دەۋا قىلغاندەك بىر قانچە

ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى. ئادەتتە بىر گەپنى تەكىتلەش، شەك ۋە گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن قەسەم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە يەككە ئىلاھلىقى ھەققىدە پەيدا قىلغان شەك ۋە گۇمانلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن قەسەم قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى ۋە مەخلۇقىدۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر نەرسىنى گۇۋاھ قىلىپ قەسەم قىلسا، ئۇنىڭغا جايىزدۇر. لېكىن، ئىنسانلارغا ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق بىر نەرسىنى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ، قەسەم قىلىش قەتئىي جايىز ئەمەس، ھارامدۇر. چۈنكى، كىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىنغان بولسا، ئۇنى گۇۋاھچى قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. قەسەمدە ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم گۇۋاھچى بولالمايدۇ، چۈنكى غەيبنى بىلگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر، ئۇنىڭدىن باشقا غەيبنى بىلگۈچى يوقتۇر.

رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا وَرَبُّ ٱلۡمَشَٰرِقِ ۝٥ إِنَّا زَيَّنَّا
ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِزِينَةٍ ٱلۡكَوَاكِبِ ۝٦ وَحِفۡظٗا مِّن كُلِّ شَيۡطَٰنٖ
مَّارِدٖ ۝٧ لَّا يَسَّمَّعُونَ إِلَى ٱلۡمَلَإِ ٱلۡأَعۡلَىٰ وَيُقۡذَفُونَ مِن كُلِّ جَانِبٖ ۝٨
دُحُورٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ وَاصِبٌ ۝٩ إِلَّا مَنۡ خَطِفَ ٱلۡخَطۡفَةَ فَأَتۡبَعَهُۥ
شِهَابٞ ثَاقِبٞ ۝١٠

*(ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەببىدۇر، شۇنداقلا مەشرىقلەرنىڭ رەببىدۇر① [5]. شەكسىزكى، بىز يېقىن ئاسماننى (يەنى دۇنيا ئاسمىنىنى) يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق [6]. ئۇنى ھەربىر سەركەش شەيتاندىن قوغدىدۇق② [7]. (ئۇ شەيتانلار) ئاسماندىكى پەرىشتىلەر (نىڭ سۆزلىرى)نى ئاڭلاشقا قولاق سالالمايدۇ، ئۇلار ھەر تەرەپتىن (ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن) ئېتىلىپ قوغلىنىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن دائىملىق ئازاب بار [8 ـ 9]. لېكىن (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن) ئوغرىلىقچە بىر ـ ئىككى كەلىمە ئاڭلىۋالغان، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن كۆيدۈرگۈچى ئوت قوغلاپ بارغان شەيتان بۇنىڭدىن مۇستەسنا [10].*

① يەنى ئۇ مەشرىقلەر ۋە مەغرىبلەرنىڭ رەببىدۇر. بۇ يەردە مەشرىق كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: يىلنىڭ كۈنلىرىنىڭ سانىچە مەشرىق ۋە مەغرىب بار، قۇياش ھەركۈنى بىر مەشرىقتىن چىقىدۇ ۋە بىر مەغرىبكە پاتىدۇ. سۈرە رەھماندا ﴿رَبُّ الْمَشْرِقَيْنِ وَ رَبُّ الْمَغْرِبَيْنِ﴾ ئىككى مەشرىق ۋە ئىككى مەغرىب دەپ ئىككىلىك شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن يازدا ۋە قىشتا كۈن چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان ئىككى مەشرىق ۋە ئىككى مەغرىب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىرى ئەڭ يىراقتىكى مەشرىق ۋە مەغرىبنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى ئەڭ يېقىندىكى مەشرىق ۋە مەغرىبنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ مەشرىق ۋە مەغرىب دېگەن ئىككى سۆز بىرلىك شەكلىدە كەلسە، كۈن چىقىدىغان ياكى پاتىدىغان تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى يۇلتۇزلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى بىر مەقسەت دۇنيا ئاسمىنىنى زىننەتلەش بولسا، يەنە بىر مەقسەت ئاسماننى سەركەش شەيتانلاردىن قوغداشتۇر. ئەگەر شەيتانلار ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يۇقىرى ئۆرلىسە، يۇلتۇزلار ئۇلارغا ئېتىلىپ چۈشىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ ھاللاردا شەيتانلار كۆيۈپ كېتىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتتە ۋە باشقا ھەدىسلەردە بايان قىلىنغاندەك. يۇلتۇزلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى يەنە بىر مەقسەت كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. بۇ نۇقتا قۇرئاننىڭ باشقا ئايەتلىرىدە بايان قىلىندى. يۇلتۇزلارنىڭ يارىلىشىدا مەزكۇر ئۈچ مەقسەتتىن باشقا مەقسەت بايان قىلىنمىدى.

فَٱسۡتَفۡتِهِمۡ أَهُمۡ أَشَدُّ خَلۡقًا أَم مَّنۡ خَلَقۡنَآۚ إِنَّا خَلَقۡنَٰهُم مِّن طِينٖ
لَّازِبِۭ ﴿١١﴾ بَلۡ عَجِبۡتَ وَيَسۡخَرُونَ ﴿١٢﴾ وَإِذَا ذُكِّرُواْ لَا يَذۡكُرُونَ ﴿١٣﴾
وَإِذَا رَأَوۡاْ ءَايَةٗ يَسۡتَسۡخِرُونَ ﴿١٤﴾ وَقَالُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾
أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ ﴿١٦﴾ أَوَءَابَآؤُنَا
ٱلۡأَوَّلُونَ ﴿١٧﴾ قُلۡ نَعَمۡ وَأَنتُمۡ دَٰخِرُونَ ﴿١٨﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلاردىن (يەنى تىرىلىشنى ئىنكار***

*قىلغۇچىلاردىن) سوراپ باققىن! ئۇلارنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ ياكى (ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭ) مەخلۇقاتنى يارىتىش قىيىنمۇ؟① شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق② [11]. بەلكىم سەن (ئۇلارنىڭ ئىنكارىدىن) ھەيران قالغانسەن، ھالبۇكى ئۇلار بولسا سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ③ [12]. ئۇلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، قوبۇل قىلمايدۇ [13]. ئۇلار بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا مەسخىرە قىلىشىدۇ [14]. ئۇلار: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر④، بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن راستتىنلا تىرىلەمدۇق؟ بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئاتىلىرىمىزمۇ تىرىلەمدۇ؟» دەيدۇ [17 ـ 15]. ئېيتقىنكى، «ھەئە، سىلەر خار ھالدا تىرىلىسىلەر»⑤ [18].*

① يەنى بىز زېمىن، پەرىشتىلەر ۋە ئاسمانلاردىن ئىبارەت ھەجمى ناھايىتى چوڭ، دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق. ئىنسانلارنى يارىتىش ۋە ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش مەزكۇر بۈيۈك نەرسىلەرنى يارىتىشتىن قىيىنمۇ؟ ياق، ئەسلا قىيىن ئەمەس.

② يەنى بىز ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن ياراتتۇق. يەنى ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىنتايىن ئەرزىمەس ۋە ئاجىز نەرسىدىن يارىتىلغان تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى بۇ قەدەر قاتتىق ئىنكار قىلىدۇ؟ ۋەھالەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ، كۈچلۈك، مۇكەممەل ۋە كاتتا يارىتىلغان نەرسىلەرنى ئىنكار قىلمايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى سەن ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئۆلگەندىن تىرىلىشنىڭ شەكسىزلىكىگە شۇ قەدەر روشەن دەلىللەرنى كۆرسەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي ۋاتقانلىقى ۋە قىيامەت ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىڭنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىدىن]بەلكىم ئەجەبلىنىۋاتقانسەن.

④ يەنى ئۇلارنىڭ شۇنداق ئادىتى باركى، ئۇلار نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەرقانداق بىر ئوچۇق مۆجىزە ياكى دەلىل كۆرسىتىلسە، ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنى سېھىر دەپ بىلجىرلايدۇ.

⑤ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە باشقا سۈرىلەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەممە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا خار (بويۇن ئەگكەن) ھالدا كېلىدۇ﴾. (سۈرە نەملە 87-ئايەت) ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾. (سۈرە غافىر 60-ئايەت)

فَإِنَّمَا هِيَ زَجۡرَةٞ وَٰحِدَةٞ فَإِذَا هُمۡ يَنظُرُونَ ١٩ وَقَالُواْ يَٰوَيۡلَنَا هَٰذَا
يَوۡمُ ٱلدِّينِ ٢٠ هَٰذَا يَوۡمُ ٱلۡفَصۡلِ ٱلَّذِي كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ٢١
۞ ٱحۡشُرُواْ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ وَأَزۡوَٰجَهُمۡ وَمَا كَانُواْ يَعۡبُدُونَ ٢٢ مِن
دُونِ ٱللَّهِ فَٱهۡدُوهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡجَحِيمِ ٢٣ وَقِفُوهُمۡۖ إِنَّهُم
مَّسۡـُٔولُونَ ٢٤

*(ئۇ تىرىلىش) قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ ـ دە① شۇھامان ئۇلار (ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولۇپ) قارىشىپ تۇرىدۇ② [19]. ئۇلار: «ۋاي بىزنىڭ ھالىمىزغا! مانا بۇ قىيامەت كۈنىدۇر» دەيدۇ [20]. (ئۇلارغا) بۇ سىلەر ئىنكار قىلغان (ھەق بىلەن باتىلنى) ئايرىش كۈنىدۇر③ (دېيىلىدۇ) [21]. (ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە دەيدۇ) زۇلۇم قىلغانلارنى④، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) ھەمراھلىرىنى⑤ ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرىنى (ھېساب مەيدانىغا) توپلاڭلار⑥، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا ھەيدەڭلار [22 ـ 23]. ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار⑦، چۈنكى ئۇلار (بارلىق سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ [24].*

① ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر پەرمان ۋە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر سۈر (يەنى ئىككىنچى قېتىملىق سۈر) چېلىشى بىلەنلا ئىنسانلار قەبرىلەردىن تىرىلىپ چىقىدۇ. بۇ ئايەتتە سۈرنىڭ چېلىنىشى ياكى قاتتىق بىر ئاۋاز ﴿زَجۡرَةٞ﴾ چۆچۈتمەك، قورقۇتماق، ئالاقزادە قىلماق دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەندى. چۈنكى ئۇنىڭدىن مەقسەتمۇ قورقۇتماق ۋە چۆچۈتمەكتۇر.

② يەنى ئۇلار كۆز ئالدىدىكى قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىسى ۋە مەھشەر مەيدانىدىكى مۇشكۇلاتقا قاراپ تۇرىدۇ.

③ ﴿يَٰوَيۡلَنَا﴾ «ۋاي بىزنىڭ ھالىمىزغا! » دېگەن ئىبارە ھالاكەتكە دۇچار بولۇپ، پۇشايمان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. يەنى ئۇلار ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندە، ۋاي ئىسىت! بىزنىڭ ھالىمىزغا ۋاي! دەيدۇ. بۇ ئىبارە بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقىنى ۋە خاتالىقنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىزھار قىلغان بولىدۇ. لېكىن، بۇ چاغدا قىلغان پۇشايمان ۋە ئېتىراپنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا جاۋابەن پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر: ﴿بۇ سىلەر ئىنكار قىلغان (ھەق بىلەن باتىلنى) ئايرىش كۈنىدۇر﴾ دەيدۇ. بۇ سۆزنى ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە تاپا - تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىشىمۇ مۇمكىن.

④ كۇفرىلىق، مۇشرىكلىك ۋە ئاسىيلىق بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنى توپلاڭلار. بۇ بۇيرۇق ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ.

⑤ بۇنىڭدىن كۇفرىلىق، مۇشرىكلىك ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتا بىرلەشكەن ۋە ھەمكارلاشقانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: بۇنىڭدىن جىن-شەيتانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۇلارغا كۇفرىلىق ۋە مۇشرىكلىكتە ھەمنەپەس بولغان ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ يەنى بۇ يەردىكى «چوقۇنغان نەرسىلەر» ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولۇپ، بارلىق مەبۇدلارنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى ئۇلار بۇتلار بولسۇن، مەيلى ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى بولسۇن، ھەممىسى چوقۇنغۇچىلارنى دەلىل-ئىسپات ئالدىدا خار ھالەتكە چۈشۈرۈش ئۈچۈن توپلىنىدۇ. ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا ياخشى بەندىلەرنى جەھەننەمدىن يىراق قىلىدۇ. باشقا مەبۇدلارنى چوقۇنغۇچىلىرى بىلەن قوشۇپ جەھەننەمگە تاشلايدۇ. چوقۇنغۇچىلار ئۇ مەبۇدلارنىڭ ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

⑦ بۇ بۇيرۇق جەھەننەمگە ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھېساب بېرىپ بولغاندىن كېيىنلا جەھەننەمگە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مَا لَكُمۡ لَا تَنَاصَرُونَ ﴿٢٥﴾ بَلۡ هُمُ ٱلۡيَوۡمَ مُسۡتَسۡلِمُونَ ﴿٢٦﴾ وَأَقۡبَلَ
بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٢٧﴾ قَالُوٓاْ إِنَّكُمۡ كُنتُمۡ تَأۡتُونَنَا عَنِ
ٱلۡيَمِينِ ﴿٢٨﴾ قَالُواْ بَل لَّمۡ تَكُونُواْ مُؤۡمِنِينَ ﴿٢٩﴾ وَمَا كَانَ لَنَا عَلَيۡكُم
مِّن سُلۡطَٰنِۭۖ بَلۡ كُنتُمۡ قَوۡمٗا طَٰغِينَ ﴿٣٠﴾ فَحَقَّ عَلَيۡنَا قَوۡلُ رَبِّنَآۖ
إِنَّا لَذَآئِقُونَ ﴿٣١﴾ فَأَغۡوَيۡنَٰكُمۡ إِنَّا كُنَّا غَٰوِينَ ﴿٣٢﴾

***(ئاندىن ئۇلارغا مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن): «سىلەرگە نېمە بولدى؟ (دۇنيادىكىدەك) بىر ـ بىرىڭلارغا ياردەم قىلىشمايۋاتىسىلەرغۇ؟» (دېيىلىدۇ) [25]. بەلكى ئۇلار بۇ كۈندە (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچىدۇر [26]. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ مالامەت قىلىشىدۇ [27]. ئۇلار (باشلامچىلىرىغا): «سىلەر بىزگە (بىز ياخشىلىق دەپ ئويلايدىغان) ئوڭ تەرەپتىن كېلەتتىڭلار (يەنى بىزنى توغرا يولغا باشلىغاندەك كۆرۈنۈپ ئىماندىن توساتتىڭلار)» دەيدۇ① [28]. (باشلامچىلار) ئېيتىدۇ: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەر ئۆزۈڭلار مۆئمىن بولمىدىڭلار② [29]. بىزنىڭ سىلەرنى (بىزگە ئەگىشىشكە) زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى، بەلكى سىلەر (ئۆزۈڭلار) سەركەش قەۋم ئىدىڭلار③ [30]. رەببىمىزنىڭ (ئازابلاش ھەققىدىكى) ھۆكمى بىزگە تېگىشلىك بولدى. شۇڭا بىز (بۇ ئازابنى) چوقۇم تېتىغۇچىلارمىز [31]. سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق، چۈنكى ئۆزىمىزمۇ راستىنلا ئازغان ئىدۇق»④ [32].***

① بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى مۇنداق: سىلەر بىزگە دىن ۋە ھەقىقەت نامىدا سۆزلەپ كېلەتتىڭلار، يەنى مۇشۇ توغرا دىن ۋە ھەقىقەت دەپ دەۋا قىلىپ، بىزنى ئازدۇراتتىڭلار. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇنداق: سىلەر بىزگە ھەر تەرەپتىن كېلەتتىڭلار. شىمال تەرەپ جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. شەيتان ئېيتقاندەك: ﴿ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىن كېلىمەن﴾. (سۈرە ئەئراف 17 ـ ئايەت)

② باشلامچى رەھبەرلەر ئەگەشكۈچىلەرگە: سىلەر ئۆزۈڭلار ئۆز

ئىختىيارىڭلار بىلەن ئىمان كەلتۈرمىگەن ئىدىڭلار، بۈگۈن ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بىزگە ئارتىۋاتىسىلەرغۇ؟ دەيدۇ.

③ ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدىكى بۇ سۆھبەت قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە جايدا بايان قىلىنىدى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرلىرىنى مالامەت قىلىشى قىيامەت كۈنى مەھشەر مەيدانىدىمۇ بولىدۇ، كېيىن جەھەننەمگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىمۇ بولىدۇ. سۈرە مۇئمىن 47-، 48-ئايەتلەر، سۈرە سەبەئ 31-، 32-ئايەتلەر، سۈرە ئەھزاب 67-، 68-ئايەتلەر، سۈرە ئەئراف 38-، 39-ئايەتلەرگە قارالسۇن.

④ يەنى ئۇلار ئىلگىرى «بىزنىڭ سىلەرنى ئازدۇرۇشقا كۈچىمىز يەتمەيتتى» دەپ ئازدۇرغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ئەمدى ئۇنى بۇ يەردە «راست، بىز سىلەرنى ئازدۇرغان ئىدۇق» دەپ ئېتىراپ قىلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلار ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇكى، بىزگە بۇ ھەقتە تەنە-مالامەت قىلماڭلار، چۈنكى بىز ئۆزىمىزمۇ ئازغۇن ئىدۇق، بىز سىلەرنىمۇ ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئازغۇن قىلىشقا چاقىردۇق، سىلەر بىزنىڭ يولىمىزغا ئاسانلا ئەگەشتىڭلار. ئۇ كۈندە شەيتانمۇ شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇ: ﴿ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتىيلەر بىلەن دوزىخىيلار ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار.. » دەيدۇ﴾. (سۈرە ئىبراھىم 22-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

فَإِنَّهُمۡ يَوۡمَئِذٖ فِي ٱلۡعَذَابِ مُشۡتَرِكُونَ ٣٣ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَفۡعَلُ
بِٱلۡمُجۡرِمِينَ ٣٤ إِنَّهُمۡ كَانُوٓاْ إِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ
يَسۡتَكۡبِرُونَ ٣٥ وَيَقُولُونَ أَئِنَّا لَتَارِكُوٓاْ ءَالِهَتِنَا لِشَاعِرٖ مَّجۡنُونِۭ ٣٦

بَلۡ جَآءَ بِٱلۡحَقِّ وَصَدَّقَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٣٧﴾ إِنَّكُمۡ لَذَآئِقُواْ ٱلۡعَذَابِ
ٱلۡأَلِيمِ ﴿٣٨﴾ وَمَا تُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٣٩﴾

*شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ كۈندە ئازابتا ئورتاقتۇر① [33]. بىز ھەقىقەتەن گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق (مۇئامىلە) قىلىمىز② [34]. چۈنكى ئۇلار شۇنداق كىشىلەر ئىدىكى، ئۇلارغا: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» (دەڭلار) دېيىلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى③ [35]. ئۇلار: «بىز بىر مەجنۇن شائىر ئۈچۈن (يەنى ئۇنىڭ سۆزى بىلەن) ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋېتەمدۇق؟» دەيتتى④ [36]. (ياق، مۇھەممەد سىلەر بوھتان قىلغاندەك ئەمەس) بەلكى ئۇ ھەق (دىن)نى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ (ھەقلىقىنى) ئىسپاتلىدى⑤ [37]. (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىغۇچىسىلەر [38]. (ئى كاپىرلار!) سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر⑥ [39].*

① چۈنكى ئۇلارنىڭ جىنايىتىمۇ ئوخشاشتۇر، شېرىك كەلتۈرۈش، گۇناھ-مەئسىيەت، بۇزغۇنچىلىق قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەتكە ئايلانغان گۇناھلار ئىدى.

② يەنى بىز ھەر تۈردىكى گۇناھكارلارغا مانا شۇنداق مۇئامىلە قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاختا ئوخشاش ئازابقا قالىدۇ.

③ يەنى دۇنيادىكى چاغدا ئۇلارغا: مۇسۇلمانلار بۇ كەلىمىنى ئېيتىپ شېرىك ۋە گۇناھتىن تەۋبە قىلىدى، سىلەرمۇ «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېسەڭلار، دۇنيادا مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرى-غەزىپىدىن ساقلىنىپ قالىسىلەر، ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولمايسىلەر، دېيىلسە، ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئۇنىڭدىن باش تارتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن كىشىلەر " لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ " «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دەپ ئىمان ئېيتقۇچە ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. كىمكى " لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ " «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېسە، مەندىن ھەقىقەتەن مېلىنى ۋە جېنىنى ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت كەلىمە تەۋھىدنىڭ (قانۇنى

بويىچە جازاغا تارتىلىپ قالسا) ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۇنىڭ ھېسابى ئاللاھ تائالاغىدۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 2946-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 33-ھەدىس)

④ يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شائىر، مەجنۇن دەيتتى، ئۇنىڭ دەۋىتىنى مەجنۇننىڭ جۆيلۈشى، قۇرئاننى شېئىر دەيتتى. ئۇلار تېخى: بىر ئەقىلدىن ئازغان مەجنۇننىڭ جۆيلۈشى بىلەن مەبۇدلىرىمىزنى تاشلىۋېتەمدۇق؟ دېگەن ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ مەجنۇنلۇق ئەمەس، بەلكى دانالىق ئىدى. بۇ شېئىر ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت ئىدى. ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشتا ئۇلار ئۈچۈن ھالاكەت ئەمەس، بەلكى نىجاتلىق بار ئىدى.

⑤ يەنى سىلەر بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى شائىر ۋە مەجنۇن دەيسىلەر، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ۋە سىلەرگە تەقدىم قىلغان نەرسە ھەق ۋە راستتۇر. ئۇ ئىلگىرى بارلىق پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇ قانداقسىگە قايسىبىر مەجنۇننىڭ جۆيلۈشى ياكى شائىرنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ نەتىجىسى بولسۇن؟

⑥ بۇ سۆزلەر دوزىخىيلارغا ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىدىن سوراپ تۇرغان ۋاقىتتا دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارغا ئۇقتۇرۇلىدۇكى، بۇ زۇلۇم ئەمەس، بەلكى ئادالەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. چۈنكى، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەمەللىرىڭلارنىڭ جازاسىدۇر.

إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٤٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمْ رِزْقٌ مَّعْلُومٌ ﴿٤١﴾ فَوَٰكِهُ
وَهُم مُّكْرَمُونَ ﴿٤٢﴾ فِى جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٤٣﴾ عَلَىٰ سُرُرٍ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٤٤﴾
يُطَافُ عَلَيْهِم بِكَأْسٍ مِّن مَّعِينٍ ﴿٤٥﴾ بَيْضَآءَ لَذَّةٍ لِّلشَّٰرِبِينَ ﴿٤٦﴾ لَا
فِيهَا غَوْلٌ وَلَا هُمْ عَنْهَا يُنزَفُونَ ﴿٤٧﴾ وَعِندَهُمْ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرْفِ
عِينٌ ﴿٤٨﴾ كَأَنَّهُنَّ بَيْضٌ مَّكْنُونٌ ﴿٤٩﴾ فَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ
يَتَسَآءَلُونَ ﴿٥٠﴾

*(بۇ جازادىن) ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا ساقلىنىپ قالىدۇ①*

*[40]. ئەنە شۇلار مەلۇم رىزىقتىن — تۈرلۈك مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا ئىززەت - ئىكرام قىلىنىدۇ [41 - 42]. ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە، تەختلەرنىڭ ئۈستىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ [43 - 44]. ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان② شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ③ [45 - 46]. ئۇنىڭدا ئەقىلنى بۇزىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ④ [47]. ئۇلارنىڭ يېنىدا (ئەرلىرىدىن) باشقىلارغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپلەر) بولىدۇ⑤ [48]. ئۇلار (ئاقلىقتا ۋە سۈزۈكلۈكتە) گويا (ئەتىۋارلاپ) ساقلانغان تۇخۇمغا ئوخشايدۇ⑥ [49]. ئۇلار (يەنى جەننەت ئەھلى) بىر - بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ⑦ [50].*

① يەنى بۇلار ئازابتىن ئامان قالىدۇ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرى بولۇپ قالسا، ئەپۇ قىلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەربىر ياخشى ئەمىلى ئۈچۈن ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىلىدۇ.

② دۇنيانىڭ شارابلىرى ئومۇمەن بەتبۇي، رەڭگى كۆرۈمسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە جەننەتنىڭ شارابلىرى تەمى لەززەتلىك، رەڭگى كۆركەم بولىدۇ.

③ ﴿كَأْسٍ﴾ شاراب تولدۇرۇلغان جامنى، "قدح" ئىچىدە ھېچنەرسە يوق پىيالىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿مَعِينٍ﴾نىڭ مەنىسى ئېقىپ تۇرغان بۇلاق. يەنى جەننەتتە شاراب ئېقىپ تۇرغان بۇلاقتەك ھەر ۋاقىت بار بولىدۇ، ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

④ يەنى ئۇنى ئىچكەنلەردە دۇنيانىڭ شارابلىرىدەك مەست قىلىپ ئەقىلنى بۇزىدىغان، باشنى ئاغرىتىدىغان، قۇستۇرىدىغان ۋە ئالا-جوقا سۆزلىتىدىغان ئەھۋال بولمايدۇ.

⑤ يەنى شەھلا كۆزلۈك – كۆزنىڭ چوڭ ۋە نۇرلۇق بولۇشى گۈزەللىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

⑥ يەنى تۆگىقۇش تۇخۇملىرىنى قاناتلىرىنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇپ

ساقلايدۇ. شۇ ۋەجىدىن تۇخۇملىرىغا تولپا-چاڭ قونماي پاكىز تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىنىڭ رەڭگى ناھايىتى چىرايلىق، سېرىققا مايىل ئاق رەڭلىك بولىدۇ، بۇنداق رەڭ دۇنيادا ھۆسن-جامالنىڭ ئەڭ ئۆلچەملىك شەكلى دەپ قارىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ يەردىكى ئوخشىتىش پەقەت رەڭگىنىڭ ئاقلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى رەڭگىنىڭ چىرايلىقلىقى، رەنالىقى ھەمدە ھۆسنىنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

⑦ جەننەت ئەھلى جەننەتتە ھەمراھلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، دۇنيادىكى ۋەقەلەرنى ياد ئېتىپ پاراڭ سېلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئەھۋاللىرىنى بىر-بىرىگە سۆزلەپ بېرىدۇ.

قَالَ قَآئِلٌ مِّنْهُمْ إِنِّي كَانَ لِي قَرِينٌ ﴿٥١﴾ يَقُولُ أَءِنَّكَ لَمِنَ ٱلْمُصَدِّقِينَ ﴿٥٢﴾
أَءِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَدِينُونَ ﴿٥٣﴾ قَالَ هَلْ أَنتُم
مُّطَّلِعُونَ ﴿٥٤﴾ فَٱطَّلَعَ فَرَءَاهُ فِي سَوَآءِ ٱلْجَحِيمِ ﴿٥٥﴾ قَالَ تَٱللَّهِ إِن
كِدتَّ لَتُرْدِينِ ﴿٥٦﴾ وَلَوْلَا نِعْمَةُ رَبِّي لَكُنتُ مِنَ ٱلْمُحْضَرِينَ ﴿٥٧﴾
أَفَمَا نَحْنُ بِمَيِّتِينَ ﴿٥٨﴾ إِلَّا مَوْتَتَنَا ٱلْأُولَىٰ وَمَا نَحْنُ بِمُعَذَّبِينَ ﴿٥٩﴾

***ئۇلاردىن بىرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر يېقىنىم بار ئىدى، ئۇ: (ماڭا) ‹سەنمۇ راستىنلا (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) ئىشىنىدىغانلاردىنمۇ؟① [51 ـ 52]. بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، (تىرىلدۈرۈلۈپ) بىزگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلەمدۇ؟› دەيتتى»② [53]. ئۇ (يېنىدىكىلەرگە): «سىلەر (مەن بىلەن دوزاخقا) قاراپ باقامسىلەر؟» دەيدۇ③ [54]. ئۇ قاراپلا ئۇنى (يەنى كاپىر يېقىنىنى) دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا (كۆيۈۋاتقان ھالدا) كۆرىدۇ [55]. ئۇ (مۇئمىن ئادەم) ئېيتىدۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن مېنى (ئازدۇرۇپ) ھالاك قىلغىلى تاس قالغان ئىكەنسەن [56]. ئەگەر رەببىمنىڭ (ھىدايەتتىن ئىبارەت) نېمىتى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەنمۇ (سەن بىلەن بىللە دوزاخقا) ھازىر قىلىنغانلاردىن بولار ئىكەنمەن④ [57]. بىز بىرىنچى قېتىملىق ئۆلۈمىمىزدىن باشقا ئەمدى***

*ئۆلمەيمىز⑤ ۋە ئازابقىمۇ دۇچار بولمايمىزغۇ؟⑥* [59 ـ 58].

① يەنى ئۇنىڭ كاپىر يېقىنى ئۇنىڭغا مەسخىرە ۋە مازاق قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق دەيتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش مۇمكىن ئەمەس، سەن مۇشۇنداق مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىگە ئىشىنەمسەن؟ دېمەكچى ئىدى.

② يەنى بىز تىرىلدۈرۈلەمدۇق، بىزدىن ھېساب ئېلىنامدۇ، ئاندىن شۇ بويىچە بىزگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلەمدۇ؟

③ يەنى ئۇ مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ھەمراھلىرىغا: بىز دوزاختىقا بىر قاراپ باقامدۇق؟ ماڭا مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئېيتقان شەخس كۆرۈنۈپ قالسا، سىلەرگە ئۇنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، دەيدۇ.

④ يەنى ئۇ بىر قاراپلا دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى شەخسنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ تۇرۇپ: سەن مېنى ئازدۇرۇپ ھالاكەتكە دۇچار قىلغىلى تاس قالغان ئىدىڭ. ئەگەر ماڭا رەببىمنىڭ مەرھەمەتى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەنمۇ سەن بىلەن بىللە دوزاختا قالغان بولاتتىم، دەيدۇ.

⑤ دوزاختىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ جەننەتتە بولغان مۇئمىننىڭ جەننەتكە بولغان قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: جەننەت ھاياتى ۋە ئۇنىڭدىكى نېمەتلەر بىزگە مەڭگۈلۈك ئەمەسمۇ؟ ئەمدى بىزگە ئۆلۈم كەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردىكى سوئاللار تەستىقلاش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى شۇنداق، جەننەتتىكى ھايات ئەبەدىي ھايات، بىز جەننەتتە مەڭگۈ ياشايمىز. كاپىرلارمۇ دوزاختا مەڭگۈ ياشايدۇ، ئۇلارغا ئۆلۈم كېلىپ دوزاخنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالمايدۇ، بىزگىمۇ ئۆلۈم كېلىپ جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئۆلۈم بىر قوچقار شەكلىدە جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىغا كەلتۈرۈلۈپ، بوغۇزلىنىدۇ، ئاندىن ئەمدى ئۆلۈم يوق، بۇندىن كېيىن ھېچكىم ئۆلمەيدۇ، دەپ ئېلان قىلىنىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4730 ـ ھەدىس)

⑥ شۇنداق، بىز دۇنيادا بىر قېتىم ئۆلگەن، ئەمدى بىزگە ئۆلۈم ۋە ئازاب كەلمەيدۇ.

إِنَّ هَـٰذَا لَهُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٦٠﴾ لِمِثْلِ هَـٰذَا فَلْيَعْمَلِ ٱلْعَـٰمِلُونَ ﴿٦١﴾
أَذَٰلِكَ خَيْرٌ نُّزُلًا أَمْ شَجَرَةُ ٱلزَّقُّومِ ﴿٦٢﴾ إِنَّا جَعَلْنَـٰهَا فِتْنَةً
لِّلظَّـٰلِمِينَ ﴿٦٣﴾ إِنَّهَا شَجَرَةٌ تَخْرُجُ فِىٓ أَصْلِ ٱلْجَحِيمِ ﴿٦٤﴾ طَلْعُهَا
كَأَنَّهُۥ رُءُوسُ ٱلشَّيَـٰطِينِ ﴿٦٥﴾ فَإِنَّهُمْ لَءَاكِلُونَ مِنْهَا فَمَالِـُٔونَ مِنْهَا
ٱلْبُطُونَ ﴿٦٦﴾

***شەكسىزكى، بۇ (يەنى جەننەت ئەھلى ئېرىشكەن نېمەت) ئەلۋەتتە كاتتا ئۇتۇقتۇر① [60]. ئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق (زور ئۇتۇققا ئېرىشىش يولىدا) ئىشلىسۇن»② [61]. زىياپەت بولۇشقا بۇ (نېمەتلەر) ياخشىمۇ ياكى زەققۇم دەرىخىمۇ؟③ [62] بىز زەققۇم دەرىخىنى زالىملار (يەنى گۇمراھلار) ئۈچۈن سىناق ۋاستىسى قىلدۇق④ [63]. شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر⑤ [64]. ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ⑥ [65]. ئۇلار چوقۇم شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تولدۇرىدۇ⑦ [66].***

① چۈنكى جەھەننەمدىن قۇتۇلۇش ۋە جەننەت نېمەتلىرىگە ئېرىشىشتىنمۇ كاتتا ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەت بولامدۇ؟

② يەنى تىرىشىدىغانلار ئەنە شۇنداق كاتتا نېمەت ۋە كاتتا ئۇتۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشسۇن! چۈنكى، بۇ پايدىسى ئەڭ كۆپ ۋە كاپالەتكە ئىگە مەڭگۈلۈك تىجارەتتۇر. دۇنيادىكى ۋاقىتلىق ۋە زىيان تارتىدىغان سودا ئەمەستۇر.

③ ﴿زَقُّوْمِ﴾ «تَزَقُّمُ»دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، بەتبۇي، سېسىق دېگەن مەنىدە. ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشمۇ دوزاخ ئەھلى ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر ئازاب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مېۋىسى ناھايىتى سېسىق، ئاچچىق ۋە يىرگىنىشلىك بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ دۇنيادىكى دەرەخلەردىن بولۇپ، ئەرەبلەر ئوبدان بىلىدىغان دەرەختۇر، ئۇ قۇترۇب دەرىخى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تىھامە تۈزلەڭلىكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنداق

قارىمايدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە: ئۇ دۇنيادىكى دەرەخلەردىن ئەمەس، دۇنيا ئەھلى ئۇنى تونۇمايدۇ. (فەتھۇلقەدىر) لېكىن ئىلگىرىكى سۆز ئەڭ توغرا دەپ قارىلىدۇ. ئۇ زەھەرى بار بىر خىل تىكەنلىك دەرەخ بولۇپ، دۇنيادا مەۋجۇت.

④ ئۇ دەرەخنىڭ سىناق بولىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيىشمۇ چوڭ بىر سىناق ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر: بىر قىسىم گۇمراھ كىشىلەرنىڭ زەققۇم دەرىخىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، دوزاخنىڭ ھەممە يېرىدە ئوت كۆيۈپ تۇرسا، دەرەخ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ دېگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى سىناق دەپ تەپسىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئى پەيغەمبەر! بىز پەقەت كىشىلەرنى سىناش، كىمنىڭ ھەقكە ئىشىنىپ، كىمنىڭ ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈن زەققۇم دەرىخىنىڭ خەۋىرىنى ساڭا يەتكۈزدۇق، دېگەن بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇ ئايەتتىكى «زالىملار» دېگەندىن دوزاخقا لايىق بولغان گۇمراھلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ ئۇ دەرەخنىڭ يىلتىزى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولۇپ، شاخلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلغان بولىدۇ.

⑥ خۇددى كۆركەم چىرايلىق نەرسىلەر پەرىشتىلەرگە ئوخشىتىلغاندەك، ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى يىرگىنىشلىك ۋە كۆرۈمسىزلىكتە شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشىتىلدى.

⑦ دوزىخىلار ئۇنىڭ مېۋىسىنى سەسكىنىپ تۇرۇپ مەجبۇرىي يەيدۇ، نەتىجىدە قورساقلىرى تولۇپ، ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

ثُمَّ إِنَّ لَهُمْ عَلَيْهَا لَشَوْبًا مِّنْ حَمِيمٍ ﴿٦٧﴾ ثُمَّ إِنَّ مَرْجِعَهُمْ لَإِلَى
ٱلْجَحِيمِ ﴿٦٨﴾ إِنَّهُمْ أَلْفَوْا۟ ءَابَآءَهُمْ ضَآلِّينَ ﴿٦٩﴾ فَهُمْ عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِمْ
يُهْرَعُونَ ﴿٧٠﴾ وَلَقَدْ ضَلَّ قَبْلَهُمْ أَكْثَرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٧١﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا
فِيهِم مُّنذِرِينَ ﴿٧٢﴾ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿٧٣﴾ إِلَّا
عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٧٤﴾ وَلَقَدْ نَادَىٰنَا نُوحٌ فَلَنِعْمَ ٱلْمُجِيبُونَ ﴿٧٥﴾

*ئاندىن ئۇلارغا زەققۇمنىڭ ئۈستىگە ئارىلاشما قايناقسۇ بېرىلىدۇ①*
*[67]. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئەلۋەتتە دوزاخ بولىدۇ②*
*[68]. چۈنكى، ئۇلار (دۇنيادا) ئاتا - بوۋىلىرىنى ئازغۇن ھالەتتە*
*كۆردى (يەنى ئۇلارمۇ ئازغۇنلۇقتا كۆندى) [69]. (شۇڭا) ئۇلار*
*ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزلىرىدىن يۈگۈرۈپ يۈردى③ [70]. (ئى*
*پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭدىن) ئىلگىرى، بۇرۇنقىلار (يەنى*
*ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نىڭ تولىسى ھەقىقەتەن ئازغان ئىدى④ [71].*
*شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر)لەرنى*
*ئەۋەتتۇق⑤ [72]. سەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ*
*قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن [73]. ئۇلاردىن پەقەت ئاللاھنىڭ*
*تاللانغان بەندىلىرىلا مۇستەسنا (ئۇلار ئازابتىن ساقلىنىپ قالدى)⑥*
*[74]. نۇھ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن*
*كېيىن) بىزگە ئىلتىجا قىلدى (بىز ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل*
*قىلدۇق)، بىز نېمىدېگەن ياخشى قوبۇل قىلغۇچى!⑦ [75].*

① يەنى گۇناھكارلار زەققۇمنى يېگەندىن كېيىن سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا قان-يىرىڭ ياكى زەققۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قايناقسۇ بېرىلىدۇ. ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈچەي-باغىرلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. (سۈرە مۇھەممەد 15-ئايەتتە كەلگەندەك).

② يەنى ئۇلار زەققۇمنى يەپ، قايناقسۇنى ئىچكەندىن كېيىن، يەنە دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

③ بۇ يەردە دوزاختىكى مەزكۇر جازانىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنى گۇمراھلىق ئىچىدە كۆرگەن ۋە تاپقان تۇرۇپمۇ، يەنە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن مېڭىۋەردى، دەلىل-پاكىتقا ئەگەشمەي قارىغۇلارچە ئاتا-بوۋىلارغا ئەگىشىش يولىنى تاللىدى. «إِهْرَاعٌ» دېگەن «إِسْرَاعٌ» مەنىسىدە بولۇپ، قىزغىنلىق بىلەن يۈگۈرمەك، ئالدىرىماق، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېسىلماق ۋە تاللىماق دېمەكتۇر.

④ ئازغانلار پەقەت بۇلارلا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىق يولىدا ماڭغانلار ئىدى.

⑤ يەنى ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. ئېنىقكى، بۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ھەقنى يەتكۈزگەن، قوبۇل قىلمىغاندا ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. لېكىن، ئاگاھلاندۇرۇش ئۇلارغا تەسىر قىلمىدى، نەتىجىدە ئۇلار ھالاك قىلىندى. كېيىنكى ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋىتىگە ئىشارە قىلىندى.

⑥ ئىبرەتلىك ئاقىۋەتتىن پەقەت ئاللاھ ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلغانلارلا ساقلىنىپ قالىدى. بۇ ئايەتتە ﴿مُخْلَصِينَ﴾ ئازابتىن ساقلىنىپ قالغۇچى تاللانغان بەندىلەر ۋە ﴿مُنْذَرِينَ﴾ ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلار يەنى ھالاك بولغۇچى قەۋم ئىنچام بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمدى ﴿مُنْذِرِينَ﴾ بىر قانچە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

⑦ يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى 50 يىل كەم 1000 يىل دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن پەقەت ئازغىنە كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندە، رەببىگە ئىلتىجا قىلدى. ﴿ئۇ رەببىگە: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى﴾[.(سۈرە قەمەر 10-ئايەت) بىز نۇھنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ قەۋمىنى تۇپان ئەۋەتىپ ھالاك قىلدۇق.

وَنَجَّيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥ مِنَ ٱلْكَرْبِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٧٦﴾ وَجَعَلْنَا ذُرِّيَّتَهُۥ هُمُ ٱلْبَاقِينَ ﴿٧٧﴾ وَتَرَكْنَا عَلَيْهِ فِى ٱلْءَاخِرِينَ ﴿٧٨﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰ نُوحٍ فِى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٧٩﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٨٠﴾ إِنَّهُۥ مِنْ عِبَادِنَا ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨١﴾ ثُمَّ أَغْرَقْنَا ٱلْءَاخَرِينَ ﴿٨٢﴾ ۞ وَإِنَّ مِن شِيعَتِهِۦ لَإِبْرَٰهِيمَ ﴿٨٣﴾

*بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلىرىنى چوڭ غەمدىن (يەنى تۇپان بالاسىدىن) قۇتقۇزدۇق① [76]. ئۇنىڭ نەسلىنىلا (يەر يۈزىدە) داۋاملىشىدىغان قىلدۇق② [77]. كېيىنكىلەر (يەنى كېيىنكى ئەۋلادلار) ئىچىدە ئۇنىڭ (ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق③ [78]. جاھان ئەھلى نۇھقا سالام يوللايدۇ [79]. بىز ھەقىقەتەن (تائەت ـ*

*ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز④ [80]. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىن ئىدى [81]. ئاندىن بىز باشقىلارنى (يەنى نۇھ قەۋمىنىڭ كاپىرلىرىنى سۇدا) غەرق قىلدۇق [82]. ئىبراھىممۇ ئەلۋەتتە نۇھنىڭ دىنىغا تەۋە كىشىلەردىن ئىدى⑤ [83].*

① ﴿اَهْلَهُ﴾ «تەۋەلىرى» دېگەندە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ قاتارىغا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن مۇئمىن بولغانلارمۇ كىرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 80 كىشى ئىدى دەيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە بىر ئوغلى ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار مۇئمىن بولمىغان ئىدى، ئۇلارمۇ توپان بالاسىدا غەرق بولۇپ كەتتى. ﴿الْكَرْبِ الْعَظِيْمِ﴾ «چوڭ غەم» دېگەن ئۇنىڭ قەۋمى غەرق بولغان چوڭ توپان بالاسىنى كۆرسىتىدۇ.

② كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار ھام، سام، يافەس بولۇپ، كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ نەسلى ئەنە شۇلاردىنلا كۆپەيگەن ۋە داۋاملاشقان. شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى ئادەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ .يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئىككىنچى ئادەم، يەنى ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسىدۇر. سامنىڭ نەسلىدىن ئەرەب، پارس، رۇم، يەھۇدىي ۋە ناسارالار كەلگەن. ھامنىڭ نەسلىدىن مەشرىقتىن مەغرىبكىچە بولغان قوڭۇر ۋە قارا تەنلىكلەر يەنى سىندىي، ھىندىي، نوبىي، نېگىر، ھەبەش، قىبتىي ۋە بەربەرىي قاتارلىقلار كەلگەن. يافەسنىڭ نەسلىدىن سەقالىبە (سىلاۋيان)، تۈرك، خەزەر (قەدىمقى تۈركلەر)، يەجۈج-مەجۈج قاتارلىقلار كەلگەن. (فەتھۇلقەدىر) ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

③ يەنى قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان مۇئمىنلەر ئىچىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى نامىنى قالدۇردۇق، بارلىق ئۈممەتلەر ئۇنىڭغا سالام يوللاپ تۇرىدۇ.

④ يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ نەسلىنى باقىي قالدۇردۇق يەنى داۋاملىشىدىغان قىلدۇق، كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ياخشى نامىنى قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ئىززەت ۋە

ھۆرمەتكە نائىل قىلدۇق. شۇنىڭدەك كىمكى سۆز-ھەرىكەتلىرىدە سادىق بولۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن تونۇلسا ۋە بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرسا، بىز ئۇنىمۇ شۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

⑤ ﴿شِيعَتِهِ﴾نىڭ مەنىسى تەۋەلىرى، گۇرۇھىدىكى ئادەملىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى دېمەكتۇر. يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ دىن ئەھلى ۋە تەۋھىد ئەھلىگە تەۋە شۇنداق گۇرۇھقا مەنسۇپتۇركى، ئۇمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئاللاھقا قايتىش شەرىپىگە نائىل بولغان.

إِذْ جَآءَ رَبَّهُۥ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ ﴿٨٤﴾ إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦ مَاذَا تَعْبُدُونَ ﴿٨٥﴾ أَئِفْكًا ءَالِهَةً دُونَ ٱللَّهِ تُرِيدُونَ ﴿٨٦﴾ فَمَا ظَنُّكُم بِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٧﴾ فَنَظَرَ نَظْرَةً فِى ٱلنُّجُومِ ﴿٨٨﴾ فَقَالَ إِنِّى سَقِيمٌ ﴿٨٩﴾ فَتَوَلَّوْا۟ عَنْهُ مُدْبِرِينَ ﴿٩٠﴾

***ئۆز ۋاقتىدا ئۇ رەببىگە ساغلام (يەنى مۇشرىكلىكتىن، شەكتىن پاك) دىل بىلەن يۈزلەنگەن ئىدى [84]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟ [85]. سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنامسىلەر؟① [86]. ئالەملەرنىڭ رەببىنى قانداق گۇمان قىلىۋاتىسىلەر؟»② [87]. ئۇ يۇلتۇزلارغا بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن: «مەن كېسەل بولۇپ قالىمەن» دېدى③ [89-88]. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئايرىلىشتى (يەنى ئۇنى تاشلاپ كېتىشتى) [90].***

① يەنى بۇ ئۆزۈڭلار ياسىۋالغان يالغان مەبۇدلاردۇر، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ، مۇشۇ نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ ۋەھالەنكى، بۇ تاشتىن ياسالغان بۇتلارغۇ؟

② بۇ قەدەر ئېغىر گۇناھ قىلساڭلارمۇ، ئاللاھ سىلەرگە غەزەپ قىلمايدۇ، سىلەرنى جازالىمايدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟

③ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇلتۇزلارغا قارىشى بىر بولسا قەۋمىنىڭ ئادىتى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يۇلتۇزلارغا قارىغان ياكى پىكىر قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن يۇلتۇزلارغا قارىغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا، يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى زامان ھادىسىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەيدىغان قاراش بار ئىدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىت دەل بايرام كۈنىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ كۈندە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ پائالىيەت قىلاتتى، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى شۇ بايرام پائالىيىتىگە ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ، چاقىرغىلى كەلگەن ئىدى. ئەسلىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شەھەردە يالغۇز قېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىماقچى ئىدى. پۈتۈن قەۋمىنىڭ بايرام پائالىيىتىگە چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاسمانغا بىر قاراپ قويۇپ، مەن كېسەل بولۇپ قالىمەن ياكى يۇلتۇزلارنىڭ گەردىشىگە قارىغاندا مەن كېسەل بولۇپ قالغۇدەكمەن، دېدى. بۇ سۆز پۈتۈنلەي يالغانمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ھەر ئادەمدە مەلۇم مىقداردا بىرەر كېسەللىك بولىدۇ، يەنى ئادەم كېسەل بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ئۇ قەۋمىنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىدىن دىلى بىئارام بولاتتى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ كېسەلدەك پەرىشان يۈرەتتى. دېمەك ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قاراتمىلىقى باشقىچە بولغان بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزرىسىنى بايان قىلدى. گەرچە ئۇنىڭ سۆزى يالغان بولمىسىمۇ، ئاڭلىغۇچىغا باشقىچە ئۇقۇم بېرىدۇ. «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۈچ قېتىم يالغان سۆز قىلغان» دېگەن ھەدىستە ئۇنىڭ بۇ سۆزى مەزكۇر ئۈچ يالغاننىڭ بىرى دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەنبىيا 63-ئايەتتە بايان قىلىندى.

فَرَاغَ إِلَىٰٓ ءَالِهَتِهِمۡ فَقَالَ أَلَا تَأۡكُلُونَ ﴿٩١﴾ مَا لَكُمۡ لَا تَنطِقُونَ ﴿٩٢﴾
فَرَاغَ عَلَيۡهِمۡ ضَرۡبَۢا بِٱلۡيَمِينِ ﴿٩٣﴾ فَأَقۡبَلُوٓاْ إِلَيۡهِ يَزِفُّونَ ﴿٩٤﴾ قَالَ
أَتَعۡبُدُونَ مَا تَنۡحِتُونَ ﴿٩٥﴾ وَٱللَّهُ خَلَقَكُمۡ وَمَا تَعۡمَلُونَ ﴿٩٦﴾ قَالُواْ
ٱبۡنُواْ لَهُۥ بُنۡيَٰنٗا فَأَلۡقُوهُ فِي ٱلۡجَحِيمِ ﴿٩٧﴾

***ئىبراھىم ئاستا ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ يېنىغا باردى، (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا): «(ئالدىڭلارغا قويۇلغان تاماقلاردىن) يېمەمسىلەر؟① نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟» دېدى [92 ـ 91]. ئاندىن (بار كۈچى بىلەن) ئۇلارغا يۈزلىنىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئۇلارنى چېقىشقا باشلىدى② [93]. ئۇلار (يەنى قەۋمى) ئىبراھىمنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېلىشتى③ [94]. ئىبراھىم: «(ئۆزۈڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ [95]. ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى ياراتقان ئاللاھتۇر» دېدى④ [96]. ئۇلار: «ئىبراھىم ئۈچۈن بىر قورۇق ياساڭلار، (ئۇنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ئوت يېقىڭلار، ئوت يانغاندا) ئۇنى (شۇ قورۇق ئىچىدىكى) ئوتقا تاشلاڭلار» دېدى [97].***

① يەنى بۇتلارنىڭ ئالدىدا بەرىكەت بولسۇن دەپ قويۇپ قويۇلغان يېمەكلىكلەر تۇراتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارنى ئۇ يېمەكلىكلەردىن يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار بۇ يېمەكلىكلەرنى يېمىگەن ئىدى ھەم يېيەلمەيتتى، ھەتتا جاۋاب بېرىشكىمۇ قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇتلار جاۋابسىز جىم تۇردى.

② ﴿رَاغَ﴾ «مَالَ، ذَهَبَ، أَقْبَلَ» بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مەنىداش بولۇپ، ئۇ بۇتلار تەرەپكە يۈزلەندى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ﴿ضَرْبًا بِالْيَمِينِ﴾ يەنى بۇتلارنى قاتتىق ئۇرۇپ، پارچە-پارچە قىلىۋېتىش ياكى ئوڭ قول بىلەن ئۇرۇش، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئوڭ قول بىلەن قاتتىق ئۇرغىلى بولىدۇ.

③ ﴿يَزِفُّونَ﴾ «يُسْرِعُونَ» «ئالدىراپ كېلىشتى، يۈگۈرۈپ كېلىشتى» دېگەن مەنىدە. ئۇلار بايرامدىن قايتىپ كەلگەن چاغدا، مەبۇدلىرىنىڭ پاچاقلاپ تاشلانغانلىقىنى كۆردى-دە شۇھامان ئۇلارنىڭ كاللىسىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەلدى ۋە بۇ ئىشنى ئىبراھىم قىلغان بولسا كېرەك، دېدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەنبىيادا بايان قىلىندى. ئاخىرى ئۇلار ئىبراھىمنى تۇتۇپ، ئاۋامنىڭ ئالدىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى ۋە بۇتلارنىڭ يارامسىزلىقىنى قەۋمىگە چۈشەندۈرۈش ۋە ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش پۇرسىتى تېپىلدى.

④ يەنى بۇ بۇتلار ۋە ھەيكەللەرنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئويۇپ ياساۋالغان تۇرۇپ، ئۇلارنى مەبۇد دەپ ئېتىقاد قىلامسىلەر؟ سىلەرنى ۋە سىلەرنىڭ ھەر قانداق ئەمەللىرىڭلارنى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر. بۇنىڭدىن ئايانكى، بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ياراتقۇچى-ئاللاھ تائالا ئۆزىدۇر. ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەمۇ شۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇ.

فَأَرَادُوا۟ بِهِۦ كَيْدًا فَجَعَلْنَٰهُمُ ٱلْأَسْفَلِينَ ﴿٩٨﴾ وَقَالَ إِنِّى ذَاهِبٌ إِلَىٰ
رَبِّى سَيَهْدِينِ ﴿٩٩﴾ رَبِّ هَبْ لِى مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠٠﴾ فَبَشَّرْنَٰهُ بِغُلَٰمٍ
حَلِيمٍ ﴿١٠١﴾ فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ ٱلسَّعْىَ قَالَ يَٰبُنَىَّ إِنِّىٓ أَرَىٰ فِى ٱلْمَنَامِ أَنِّىٓ
أَذْبَحُكَ فَٱنظُرْ مَاذَا تَرَىٰ ۚ قَالَ يَٰٓأَبَتِ ٱفْعَلْ مَا تُؤْمَرُ ۖ سَتَجِدُنِىٓ
إِن شَآءَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٠٢﴾ فَلَمَّآ أَسْلَمَا وَتَلَّهُۥ لِلْجَبِينِ ﴿١٠٣﴾

***ئۇلار (ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلاش بىلەن) ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلماقچى بولغان ئىدى، بىز (ئۇنى ئوتتىن سالامەت قۇتقۇزۇش بىلەن) ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردىن قىلدۇق① [98]. ئىبراھىم: «مەن رەببىم (بۇيرۇغان يەر)گە ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ [99]. ئى رەببىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن» دېدى② [100]. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق③ [101]. ئۇ (ئوغۇل) ئىبراھىمنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا④، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ (قۇربانلىق قىلىشقا ئەمر قىلىنىپ) چۈش كۆرۈپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنە! قانداق قارايسەن؟⑤» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن» [102]. ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) دۈم ياتقۇزدى⑥ [103].***

① يەنى ئۇتنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلدۇق. بەندىلىرى چارىسىز قالغاندا ئۇلارغا چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، كۇلپەتنى نېمەتكە، يامانلىقنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتىپ بېرىدىغان زات پاكتۇر.

② ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋەقەسى (ئىراقتىكى) بابىل دېگەن جايدا يۈز بەرگەن. كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن شامغا ھىجرەت قىلغان. ئۇ يەردە ئاللاھ تائالادىن پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلغان. (فەتھۇلقەدىر)

③ ئاللاھ تائالا بۇ ئوغۇلنى ﴿حَلِيمٍ﴾ «مۇلايىم» دەپ سۈپەتلەپ، ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا ئىتائەتچان بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلدى.

④ يەنى يۈگۈر-يېتىم ئىشلارغا يارىغۇدەك بولغاندا ياكى بالاغەتكە يېتىشكە ئاز قالغاندا. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇ چاغدا بۇ ئوغۇل 13 ياشتا ئىدى، دەيدۇ.

⑤ پەيغەمبەرنىڭ كۆرگەن چۈشى ۋەھيي ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇ ئوغلىغا مەسلىھەت سېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە بولغان رىغبىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى ئىدى.

⑥ ئادەمنىڭ يۈزىدىكى قاشتىن چاچقىچە بولغان قىسمى پېشانە بولىدۇ. پېشانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جاي «جَبْهَةٌ» ماڭلاي دەپ ئاتىلىدۇ، شۇ ۋەجىدىن پېشانە ﴿لِلْجَبِينِ﴾نىڭ توغرا تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ ئىبارىنى پېشانىسىنى يەرگە قىلىپ «دۈم ياتقۇزدى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق بولىدۇ. يەنى خۇددى مالنى بوغۇزلاش ئۈچۈن يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ ياتقۇزغاندەك، ئۇنىڭ پېشانىسىنى ياكى يۈزىنى يەرگە قارىتىپ ياتقۇزدى. بۇنداق تەرجىمە قىلىش ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممىگە مەلۇم ۋەسىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇ ئاتىسىغا: «سېنىڭ كۆزۈڭ مېنىڭ كۆزۈم بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئاتىلىق مېھىر-شەپقەت غالىب كېلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇندىيالماي قالماسلىقىڭ ئۈچۈن، مېنى دۈم ياتقۇزۇپ بوغۇزلىغىن» دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى.

وَنَٰدَيۡنَٰهُ أَن يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُ ١٠٤ قَدۡ صَدَّقۡتَ ٱلرُّءۡيَآۚ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٠٥ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ ٱلۡبَلَٰٓؤُاْ ٱلۡمُبِينُ ١٠٦ وَفَدَيۡنَٰهُ بِذِبۡحٍ
عَظِيمٖ ١٠٧ وَتَرَكۡنَا عَلَيۡهِ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ١٠٨ سَلَٰمٌ عَلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ ١٠٩
كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١١٠ إِنَّهُۥ مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١١١
وَبَشَّرۡنَٰهُ بِإِسۡحَٰقَ نَبِيّٗا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ١١٢

***بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! راستتىنلا ئۇ چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)»① . بىز ھەقىقەتەن (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز. شەكسىزكى، بۇ ناھايىتى ئوچۇق بىر سىناقتۇر»② دەپ نىدا قىلدۇق [104 ـ 106]. بىز ئۇنىڭ (ئوغلىنىڭ) ئورنىغا (جەننەتتىن چىققان) چوڭ بىر قۇربانلىق (قوچقار)نى بەردۇق③ [107]. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ (ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق [108]. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! [109]. بىز (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز [110]. شەكسىزكى، ئۇ بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر [111]. بىز ئۇنىڭغا ياخشىلار ئىچىدىن پەيغەمبەر بولۇپ چىقىدىغان ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق④ [112].***

① يەنى چىن قەلبىڭ بىلەن ئوغلۇڭنى بوغۇزلاش ئۈچۈن يەرگە ياتقۇزۇش ئارقىلىق چۈشۈڭدىكى بۇيرۇقنى ئەمەلىيەتتە قىلىپ كۆرسەتتىڭ، بۇنىڭدىن سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىنى قۇربان قىلالايدىغانلىقىڭ، ھەتتا يالغۇز ئوغلۇڭنىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىڭ ئايان بولدى.

② يەنى سۆيۈملۈك ئوغلۇڭنى بوغۇزلاش ئۈچۈن بېرىلگەن بۇيرۇق چوڭ بىر سىناق ئىدى. سەن ئۇ سىناقتىن ئۆتتۈڭ.

③ بۇ چوڭ قۇربانلىق بىر قوچقار ئىدى. ئۇنى ئاللاھ تائالا جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق جەننەتتىن ئەۋەتىپ بەردى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا شۇ قوچقارنى

قۇربانلىق قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلىش سۈننىتى قىيامەتكە قەدەر ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ مەڭگۈلۈك ۋاستىسى ھەمدە قۇربان ھېيتتىكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل قىلىپ بېكىتىلدى.

④ مەزكۇر ۋەقەدىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەر بولىدىغان بىر ئوغۇل ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكىدىن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان ئوغلىنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتدا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. دېمەك ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان. قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغىنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاممۇ ياكى ئىسھاق ئەلەيھىسسالاممۇ؟ مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا بۇ ھەقتە ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئىمام ئىبنى جەرىر: ئىسھاق ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلىنىشقا بۇيرۇلغان، دەپ قارىسا، ئىمام ئىبنى كەسىر ۋە باشقا كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر: ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلىنىشقا بۇيرۇلغان، دەپ قارايدۇ. بۇ توغرا قاراشتۇر. ئىمام شەۋكانى بۇ ھەقتە سۈكۈت قىلىشنى تاللىغان. (تەپسىلاتى فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىردە بايان قىلىنغان)

وَبَٰرَكۡنَا عَلَيۡهِ وَعَلَىٰٓ إِسۡحَٰقَۚ وَمِن ذُرِّيَّتِهِمَا مُحۡسِنٞ وَظَالِمٞ لِّنَفۡسِهِۦ
مُبِينٞ ﴿١١٣﴾ وَلَقَدۡ مَنَنَّا عَلَىٰ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١١٤﴾ وَنَجَّيۡنَٰهُمَا وَقَوۡمَهُمَا
مِنَ ٱلۡكَرۡبِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿١١٥﴾ وَنَصَرۡنَٰهُمۡ فَكَانُواْ هُمُ ٱلۡغَٰلِبِينَ ﴿١١٦﴾
وَءَاتَيۡنَٰهُمَا ٱلۡكِتَٰبَ ٱلۡمُسۡتَبِينَ ﴿١١٧﴾ وَهَدَيۡنَٰهُمَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ﴿١١٨﴾
وَتَرَكۡنَا عَلَيۡهِمَا فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿١١٩﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١٢٠﴾

*ئىبراھىمغا ۋە ئىسھاققا (دىنىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ) بەرىكەتلىرىنى ئاتا قىلدۇق①، ئۇ ئىككىسىنىڭ نەسلىدىن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارمۇ، (كۇفرى ـ مەئسىيەت قىلىپ) ئۆزىگە ئاشكارا زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ چىقىدۇ② [113]. شەكسىزكى، بىز مۇسا بىلەن ھارۇنغىمۇ*

***(پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىش بىلەن) ئېھسان قىلدۇق③ [114]. ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) چوڭ بالادىن قۇتقۇزدۇق④ [115]. بىز ئۇلارغا ياردەم بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غالىبلارغا ئايلاندى [116]. ئۇ ئىككىيلەنگە روشەن بىر كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق [117]. ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىدۇق [118]. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ (ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق [119]. مۇساغا ۋە ھارۇنغا (بىزدىن) سالام بولسۇن! [120].***

① يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ئەۋلادىنى ناھايىتى كۆپ قىلدۇق. كۆپ ساندىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر ئۇلارنىڭ نەسلىدىن كەلدى. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بولدى، بۇ ئون ئىككى ئوغۇلدىن ئون ئىككى قەبىلە ۋۇجۇدقا كەلدى، بۇ ئون ئىككى قەبىلىنىڭ سانى كۆپىيىپ، بەنى ئىسرائىل قەۋمى شەكىللەندى، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئاۋۇپ، تەرەپ-تەرەپكە تارىدى. كۆپ ساندىكى پەيغەمبەرلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن ئەرەبلەرنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى داۋام قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى.

② شېرىك، گۇناھ ۋە زۇلۇم قىلىش بىلەن ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ. بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى بەرىكەتلىك بىر ئائىلە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىلارمۇ ۋە يامانلارمۇ چىقىدىغانلىقى بايان قىلىنىدى. بۇ بايان جەمەتنىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلارنىڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك بولغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ يەردە پەقەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭلا ئەھمىيىتى بولىدۇ ۋە ئەسقاتىدۇ. يەھۇدىي ۋە ناسارالار گەرچە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان بولسىمۇ، شۇنىڭدەك ئەرەبلەر ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولسىمۇ، ئۇلار شېرىك ئەمەل ۋە گۇمراھلىققا چۆكۈپ كەتكەن بولسا، نەسەبىنىڭ ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۇلارغا ھېچ پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

③ يەنى ئۇلارغا پەيغەمبەرلىك، ئەلچىلىك ۋە باشقا نېمەتلەرنى ئاتا قىلدۇق.

④ يەنى پىرئەۋنگە قۇل بولۇشتىن ۋە ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزدۇق.

إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٢١ إِنَّهُمَا مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٢٢
وَإِنَّ إِلۡيَاسَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ١٢٣ إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦٓ أَلَا تَتَّقُونَ ١٢٤
أَتَدۡعُونَ بَعۡلٗا وَتَذَرُونَ أَحۡسَنَ ٱلۡخَٰلِقِينَ ١٢٥ ٱللَّهَ رَبَّكُمۡ وَرَبَّ
ءَابَآئِكُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ١٢٦ فَكَذَّبُوهُ فَإِنَّهُمۡ لَمُحۡضَرُونَ ١٢٧ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ
ٱلۡمُخۡلَصِينَ ١٢٨ وَتَرَكۡنَا عَلَيۡهِ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ١٢٩ سَلَٰمٌ عَلَىٰٓ إِلۡ
يَاسِينَ ١٣٠

***بىز ھەقىقەتەن (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز [121]. ئۇ ئىككىسى ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر [122]. ئىلياسمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىن ئىدى① [123]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «(ئاللاھتىن) قورقماسىلەر؟② [124] سىلەر ئەڭ گۈزەل ياراتقۇچى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار، ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭمۇ رەببى بولغان ئاللاھنى قويۇپ بەئلگە چوقۇنامسىلەر؟»③ [126 ـ 125]. ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. شۇڭا، ئۇلار چوقۇم (دوزاختا) ھازىر قىلىنىدۇ④ [127]. پەقەت ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا [128]. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ (يەنى ئىلياسنىڭ ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق [129]. ئىلياسقا (بىزدىن) سالام بولسۇن!⑤ [130].***

① يەنى بۇ پەيغەمبەر ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. ئۇ ئەۋەتىلگەن يۇرتنىڭ ئىسمى بەئلەبەك ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇ جاينىڭ نامى سامىرە بولۇپ، پەلەستىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غەربىي رايون ئىدى. (بەئلەبەك ھازىرقى لىۋاندىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمىدۇر) ئۇ يەردىكى كىشىلەر بەئلى دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇتقا چوقۇناتتى. (بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئۇ بىر دىۋە-پەرى يەنى رىم ئەپسانىلىرىدىكى پەرىزاتنىڭ نامى ئىدى)

② ئاللاھنى قويۇپ ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلامسىلەر؟ ئۇنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ غەيرىيگە دۇئا قىلامسىلەر؟

③ يەنى ئۇ بۇتقا ئىبادەت قىلامسىلەر، ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىر قىلامسىلەر، ئۇنى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ تاشتىن ياسالغاندۇر. سىلەر بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن ھەر نەرسىنى ياراتقۇچى، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ رەببىنى نارازى قىلدىڭلار.

④ ئىماننى ئىنكار قىلغانىنىڭ جازاسى دوزاخقا مەھكۇم بولۇشتۇر.

⑤ ﴿إِلۡ يَاسِينَ﴾ " إِلْيَاسْ "نىڭ يەنە بىر خىل تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر. خۇددى قۇرئاندا «طُوْرِ سَيْنَاءَ طُوْرِ سِيْنِيْنَ» «تۇرسىنا، تۇرسىنىين» دەپمۇ ئاتالغاندەك. ئىلياس ئەلەيھىسسالام باشقا كىتابلاردا ئىلىيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٣١﴾ إِنَّهُۥ مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٣٢﴾
وَإِنَّ لُوطٗا لَّمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٣٣﴾ إِذۡ نَجَّيۡنَٰهُ وَأَهۡلَهُۥٓ أَجۡمَعِينَ ﴿١٣٤﴾ إِلَّا
عَجُوزٗا فِي ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿١٣٥﴾ ثُمَّ دَمَّرۡنَا ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿١٣٦﴾ وَإِنَّكُمۡ لَتَمُرُّونَ
عَلَيۡهِم مُّصۡبِحِينَ ﴿١٣٧﴾ وَبِٱلَّيۡلِۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿١٣٨﴾ وَإِنَّ يُونُسَ لَمِنَ
ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٣٩﴾

***بىز ھەقىقەتەن (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز [131]. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر① [132]. لۇتمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىن ئىدى [133]. بىز ئۆز ۋاقتىدا لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولغۇچىلارنىڭ ئىچىدە قالغان قېرى ئايالدىن باشقا تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق② [135 ـ 134]. ئاندىن قالغانلارنى (يەنى ئۇنىڭ قەۋمىدىن بولغان كاپىرلارنى) ھالاك قىلدۇق [136]. (ئى مەككە ئەھلى!) سىلەر ئۇلارنىڭ (خارابىلىرى) ئۈستىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟③ [137 ـ***

***138]. يۇنۇسمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىن ئىدى [139].***

① قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر تىلغا ئېلىنغاندا ﴿ ئۇ بىزنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىمىزدىن ئىدى﴾ دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلگەن. بۇ ئىبارە مۇنداق ئىككى خىل مەقسەتتە كەلگەن. بىرىنچىسى: پەيغەمبەرلەر ئىماننىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان گۈزەل ئەخلاققا ئىگە ئالىيجاناب كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن. بۇ پەيغەمبەرلەر ھەققىدە بولمىغۇر گەپ-سۆزلەرنى تارقىتىدىغانلارغا رەددىيە بولىدۇ. مەسىلەن: تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ھازىرقى باسمىلىرىدا بىر قانچە پەيغەمبەر ھەققىدە سەلبىي ئوبراز كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلەر تېپىلىدۇ. ئىككىنچىسى: بۇ ئىبارە بەزى پەيغەمبەرلەرنى ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن ماختاپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرگە رەددىيە بولىدۇ. دېمەك ئۇلار راست پەيغەمبەرلەردىن ئىدى، ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە بەندىسى ئىدى، نە ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەس، نە ئىلاھ ئەمەس، نە ئىلاھلىقنىڭ بىر قىسمىغا شېرىكمۇ ئەمەس ئىدى.

② بۇنىڭدىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئايال كاپىر ئىدى، مۆئمىنلەر بىلەن ئۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتمىگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇمۇ قەۋمى بىلەن بىرگە ھالاك بولغۇچىلاردىن ئىدى، شۇڭا ئۇلار بىلەن بىرگە ھالاك قىلىندى.

③ بۇ يەردە مەككە ئەھلىگە خىتاب قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار تىجارەت سەپەرلىرىدە ھالاك بولغان قەۋمنىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ جاي سەپەر قىلغۇچىلار كېچە-كۈندۈز ئۆتۈپ تۇرىدىغان يول ئۈستىدە بولۇپ، ئۇ قەۋم ياشاپ ئۆتكەن جاي سېسىق كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، مەنزىرىسى ناھايىتى كۆرۈمسىز، سۈيىنىڭ تەمى ئاچچىق، پۇرىقى بەتبۇي ئىدى. مەككە ئەھلىگە دېيىلىۋاتىدۇكى، يەنى ئۇلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى ئويلىمامسىلەر؟ سىلەرنىڭ پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئۇلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولمايدۇ. چۈنكى، سىلەر ئۇلار سادىر قىلغان خاتالىقنىڭ دەل ئۆزىنى سادىر قىلىۋاتىسىلەر، شۇڭا سىلەرمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئامان قالمايسىلەر.

إِذۡ أَبَقَ إِلَى ٱلۡفُلۡكِ ٱلۡمَشۡحُونِ ﴿١٤٠﴾ فَسَاهَمَ فَكَانَ مِنَ ٱلۡمُدۡحَضِينَ ﴿١٤١﴾
فَٱلۡتَقَمَهُ ٱلۡحُوتُ وَهُوَ مُلِيمٞ ﴿١٤٢﴾ فَلَوۡلَآ أَنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلۡمُسَبِّحِينَ ﴿١٤٣﴾
لَلَبِثَ فِي بَطۡنِهِۦٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ﴿١٤٤﴾ ۞ فَنَبَذۡنَٰهُ بِٱلۡعَرَآءِ وَهُوَ
سَقِيمٞ ﴿١٤٥﴾

***ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قېچىپ (ئادەم بىلەن) تولۇپ كەتكەن بىر كېمىگە چىقىۋالدى [140]. يۇنۇس (كېمىدىكىلەر بىلەن چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان) چەك تاشلاشقا قاتناشتى، ئۇ (چەكتە) دېڭىزغا تاشلىنىدىغان بولۇپ چىقتى (ئاندىن دېڭىزغا تاشلاندى) [141]. ئۇ (قەۋمىنى تاشلاپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنىسىز چىققانلىقى ئۈچۈن) ئۆزىگە مالامەت قىلىپ تۇرغان ھالەتتە، ئۇنى چوڭ بىر كىت يۇتۇۋەتتى① [142]. ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرغۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، كىتنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى② [144 ـ 143]. بىز ئۇنى (كىتنىڭ قارنىدىن دېڭىز ساھىلىدىكى) بىر قۇرغاق يەرگە ئاتتۇق، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كېسەل ئىدى③ [145].***

① يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئىراقتىكى نىينىۋى (ھازىرقى مۇسۇل) رايونىغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئۇ جاي ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇرىيلەرنىڭ پايتەختى ئىدى. ئۇلار يۈزمىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئەسىر ئېلىپ، سولاپ قويغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، لېكىن بۇ قەۋم ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىدى. ئۇ قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، پات يېقىندا ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن ئازاب كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ ئازاب كېچىككەن چاغدا ئاللاھ تائالادىن رۇخسەت ئالماستىن، ئۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتتى ۋە دېڭىز بويىغا بېرىپ بىر كېمىگە چىقىۋالدى. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇنىڭ مەزكۇر يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىر قۇلنىڭ خوجايىنىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ﴿أَبَقَ﴾ دېگەن پېئىل بىلەن بايان

قىلدى. چۈنكى، ئۇمۇ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىنلا قەۋمىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. بۇ كىمە يولۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ يۈك-تاقلىرى بىلەن لىق توشقان ئىدى. توساتتىن دېڭىز دولقۇنلىرى كېمىنى ھەر تەرەپتىن ئۇرۇشقا باشلىدى، كېمە ماڭالماي قالدى. كېمىدىكىلەر يۈكنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاشقا كېلىشتى. شۇنداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. لېكىن ھېچكىم ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا رازى ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ئۇلار كىمگە چەك چىقسا، شۇ ئادەمنى دېڭىزغا تاشلىماقچى بولۇپ، چەك تاشلاشتى. چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىپ قالدى. ئۇ ئۆزى خالىمىسىمۇ، خوجايىنىدىن قاچقان قۇلدەك ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. ئاللاھ تائالا دېڭىزدىكى بىر كىتقا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن يۇتۇۋېلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالام كىتنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتتى.

② يەنى ئۇ تەۋبە قىلغۇچى، ئىستىغپار ئېيتقۇچى، تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، (مەسىلەن: ئۇ ﴿(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم﴾. (سۈرە ئەنبىيا 87-ئايەت) دەپ دۇئا قىلمىغان بولسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالغان بولاتتى.

③ تېنى ئاجىزلاپ خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك ناتىۋان، ئاجىز، زەئىپ بولۇپ قالغان ئىدى.

وَأَنۢبَتۡنَا عَلَيۡهِ شَجَرَةٗ مِّن يَقۡطِينٖ ﴿١٤٦﴾ وَأَرۡسَلۡنَٰهُ إِلَىٰ مِاْئَةِ أَلۡفٍ أَوۡ
يَزِيدُونَ ﴿١٤٧﴾ فَـَٔامَنُواْ فَمَتَّعۡنَٰهُمۡ إِلَىٰ حِينٖ ﴿١٤٨﴾ فَٱسۡتَفۡتِهِمۡ أَلِرَبِّكَ
ٱلۡبَنَاتُ وَلَهُمُ ٱلۡبَنُونَ ﴿١٤٩﴾ أَمۡ خَلَقۡنَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ إِنَٰثٗا وَهُمۡ شَٰهِدُونَ ﴿١٥٠﴾
أَلَآ إِنَّهُم مِّنۡ إِفۡكِهِمۡ لَيَقُولُونَ ﴿١٥١﴾ وَلَدَ ٱللَّهُ وَإِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٥٢﴾
أَصۡطَفَى ٱلۡبَنَاتِ عَلَى ٱلۡبَنِينَ ﴿١٥٣﴾ مَا لَكُمۡ كَيۡفَ تَحۡكُمُونَ ﴿١٥٤﴾ أَفَلَا
تَذَكَّرُونَ ﴿١٥٥﴾

*ئۇنىڭ ئۈستىگە (سايە تاشلاپ تۇرسۇن دەپ) بىر تۈپ كاۋا① ئۆستۈرۈپ بەردۇق [146]. ئۇنى بىز يۈز مىڭ، بەلكى (ئۇنىڭدىنمۇ) كۆپ ئادەملەرگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق [147]. (ئۇلار ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا) ئىمان ئېيتتى②. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر هاياتتىن) بەھرىمەن قىلدۇق [148]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)دىن سوراپ باققىنكى، قىزلار رەببىڭگە، ئوغۇللار ئۇلارغا مەنسۇپمىكەن؟ [149]. ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار (بىزنىڭ ياراتقانلىقىمىزنى) كۆرۈپتىكەنمۇ؟ (شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەمدۇ؟)③ [150]. بىلىڭلاركى، ئۇلار ئويۇپچىقىپ يالغاننى توقۇپ: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر [151 ـ 152]. ئاللاھ ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ؟④ [153]. سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقلارچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟ [154]. ئويلاپ باقمامسىلەر؟⑤ [155].*

① ﴿يَقْطِيْنٍ﴾ ھەرقانداق شىخى يوق ئۆرە تۇرالمايدىغان پىلەكلىك ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: يۇرچاق ۋە قاپاق قاتارلىقلارنىڭ پىلىكىگە ئوخشاش. ئۇ چىقىرىپ قويۇلغان دېڭىز ساھىلىدا نە دەرەخ، نە بىنا يوق ئىدى. ئۇ يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان كاۋىسى پىشقان پىلەكلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى ھىمايە قىلدۇق.

② ئۇلارنىڭ قانداق ئىمان ئېيتقانلىقى سۈرە يۇنۇس 98-ئايەتتە بايان قىلىندى.

③ يەنى پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ ھۆكۈم قىلىدىغانلار، بىز پەرىشتىلەرنى ياراتقان چاغدا، ئىش ئۈستىدە بارمىدى؟ ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلغانلىقىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چىشى ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ ھۆكۈم قىلىدۇ؟ ئۇلار پەرىشتىلەردە چىشى جىنسلىق ئالامەتلەرنى كۆرگەنمۇ؟

④ ۋەھالەنكى ئۇلار ئۆزلىرى قىزلارنى ئەمەس، ئوغۇللارنى ياخشى كۆرىدۇ.

⑤ ئەگەر ئاللاھنىڭ بالىسى بولغان بولسا، سىلەر ياقتۇرمايدىغان ۋە

تـۆۋەن كۆربدىغان قىز بولماستىن، سىلەرمۇ ياخشى كۆربدىغان ۋە ئەۋزەل بىلدىغان ئوغۇل بولۇشى كېرەكمۇ؟ نېمە دەۋاتقانلىقىڭلارنى ئويلاپ باقمامسىلەر؟

أَمۡ لَكُمۡ سُلۡطَٰنٞ مُّبِينٞ ١٥٦ فَأۡتُواْ بِكِتَٰبِكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ١٥٧
وَجَعَلُواْ بَيۡنَهُۥ وَبَيۡنَ ٱلۡجِنَّةِ نَسَبٗاۚ وَلَقَدۡ عَلِمَتِ ٱلۡجِنَّةُ إِنَّهُمۡ
لَمُحۡضَرُونَ ١٥٨ سُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ ١٥٩ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ
ٱلۡمُخۡلَصِينَ ١٦٠ فَإِنَّكُمۡ وَمَا تَعۡبُدُونَ ١٦١ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ بِفَٰتِنِينَ ١٦٢
إِلَّا مَنۡ هُوَ صَالِ ٱلۡجَحِيمِ ١٦٣

***ياكى (ئاللاھنىڭ بالىسى بارلىقىغا) ئېنىق پاكىتىڭلار بارمۇ؟ [156]. (ئەگەر گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، كىتابىڭلار (بولسا) ئەكېلىپ بېقىڭلار① [157]. ئۇلار: «ئاللاھ بىلەن جىنلارنىڭ ئارىسىدا تۇغقانچىلىق بار» دەپ جۆيلىدى②. جىنلار شەكسىز بىلىدۇكى، ئۇلار (يەنى شۇ سۆزنى قىلغۇچىلار) (دوزاخقا) چوقۇم ھازىر قىلىنىدۇ (ئۇ يەردە ئازاب چېكىدۇ)③ [158]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ) سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر [159]. لېكىن ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار ئاللاھقا تۆھمەت قىلمايدۇ ۋە ئازابقا دۇچار بولمايدۇ)④ [160]. (ئى مۇشرىكلار!) شەكسىزكى، سىلەر دوزاخقا كىرىدىغان كىشىدىن باشقا ھېچكىمنى ئازدۇرالمايسىلەر، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارمۇ ئازدۇرالمايدۇ⑤ [161 ـ 163].***

① يەنى ئاللاھنىڭ بالىلىرى بار ۋە ئۇلار چىشى جىنسلىق دېگەن قاراشنى ئەقىل ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر بۇ گېپىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابتىن بىرەر نەقلىي دەلىل كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، ئاللاھنىڭ بالىسى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت ياكى ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلمىي مەنبە بولسا، ئېلىپ كېلىڭلار!

② بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ «ئاللاھ بىلەن چىشى جىنلارنىڭ ئارىسىدا

ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بار، پەرىشتىلەر بولسا شۇ جىنلاردىن تۇغۇلغان ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر، شۇ تەرىقىدە ئاللاھ بىلەن جىنلار ئارىسىدا تۇغقانچىلىق (قۇدا ـ باجىلىق) مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان» دېگەن جۆيلۈشلىرى ۋە خاتا ئېتىقادىغا ئىشارە قىلىنىدى. (بۇنداق نالايىق سۆزدىن ئاللاھ ساقلىسۇن)

③ ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرى قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئاللاھ تائالا جىنلارنى نېمە ئۈچۈن دوزاخقا تاشلايدۇ؟ تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلمامدۇ؟ ئىش ئۇنداق ئەمەس، بەلكى جىنلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىنى تېتىش ئۈچۈن دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان تۇرسا، ئاللاھ بىلەن جىنلار ئارىسىدا قانداقمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بولسۇن؟

④ يەنى ئۇ ئىخلاسمەن بەندىلەر ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنى مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنداق گەپلەرنى قىلىش مۇشرىكلارنىڭلا ئادىتىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇنداق: شۇنداق بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلغان جىنلار ۋە مۇشرىكلار دوزاخقا ھازىر قىلىنىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن (تاللانغان) بەندىلىرىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئىخلاسمەن بەندىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالا جەننەتنى تەييارلاپ قويدى.

⑤ يەنى سىلەر ۋە سىلەرنىڭ باتىل مەبۇدلىرىڭلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدە باشتىلا دوزىخي بولغانلار يەنى دوزاخقا لايىق بولغانلاردىن باشقا ھېچكىمنى ئازدۇرالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ دوزاخقا لايىق بولغانلار كۇفرى ۋە شېرىكتە چىڭ تۇرىدۇ.

وَمَا مِنَّآ إِلَّا لَهُۥ مَقَامٌ مَّعۡلُومٌ ﴿١٦٤﴾ وَإِنَّا لَنَحۡنُ ٱلصَّآفُّونَ ﴿١٦٥﴾ وَإِنَّا
لَنَحۡنُ ٱلۡمُسَبِّحُونَ ﴿١٦٦﴾ وَإِن كَانُواْ لَيَقُولُونَ ﴿١٦٧﴾ لَوۡ أَنَّ عِندَنَا ذِكۡرًا
مِّنَ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٦٨﴾ لَكُنَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿١٦٩﴾ فَكَفَرُواْ بِهِۦۖ
فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿١٧٠﴾ وَلَقَدۡ سَبَقَتۡ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٧١﴾
إِنَّهُمۡ لَهُمُ ٱلۡمَنصُورُونَ ﴿١٧٢﴾ وَإِنَّ جُندَنَا لَهُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿١٧٣﴾ فَتَوَلَّ

عَنْهُمْ حَتَّىٰ حِينٍ ﴿١٧٤﴾ وَأَبْصِرْهُمْ فَسَوْفَ يُبْصِرُونَ ﴿١٧٥﴾

*(پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى): «بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار① [164]. شەكسىزكى، بىز (تائەت ـ ئىبادەتتە) سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلارمىز [165]. بىز ئەلۋەتتە (ئاللاھقا) تەسبىھ ئېيتقۇچىلارمىز»② [166]. شەكسىزكى، (مۇشرىكلار) ھەمىشە: «ئەگەر بىزدە بۇرۇنقىلارنىڭكىدەك (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ كىتابلىرىدەك) بىرەر كىتاب بولسا ئىدى. ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بولاتتۇق» دەيتتى③ [169 ـ 167]. (ئۇ كىتاب كېلىۋىدى) ئۇلار ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىشتى④. ئۇلار ئۇزاققا قالماي (بۇ ئىنكارنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىپ قالىدۇ⑤ [170]. شەكسىزكى، بىزنىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبەر بەندىلىرىمىزگە قىلغان سۆزىمىز (يەنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىمىز) ئالدىنئالا ئېيتىلغان [171]. ئۇلار چوقۇم نۇسرەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [172]. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر⑥ [173]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار) بىلەن بىر مەزگىل كارىڭ بولمىسۇن⑦ [174]. سەن ئۇلارغا قاراپ تۇرغىن⑧، ئۇلار ئۇزاققا قالماي كۆرگۈلۈكنى (يەنى كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ [175].*

① يەنى ھەربىرىمىزنىڭ ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىدىغان مۇئەييەن ئورنىمىز بار. بۇ پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىدۇر.

② بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھ ياراتقان مەخلۇق ۋە خاس بەندىلىرىدىن بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە تەسبىھ ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇلار، مۇشرىكلار دەۋا قىلغاندەك، ئاللاھنىڭ قىزلىرى ئەمەس.

③ ﴿ذِكْرًا﴾ دىگەندە ئىلاھىي كىتاب ياكى پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى كاپىرلار ئۆزلىرىگە قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەگەر بىزگە، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە تەۋرات ۋە ئىنجىل نازىل بولغاندەك، بىرەر ساماۋى كىتاب نازىل بولغان بولسا، ياكى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدىغان بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ھىدايەتكە باشلىغۇچى كەلگەن بولسا، بىزمۇ

ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىدىن بولاتتۇق، دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

④ يەنى ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھىدايەتكە باشلىغۇچى بولۇپ كەلدى، قۇرئان كەرىممۇ نازىل قىلىندى، ئەمما ئۇلار ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا قۇرئاننى ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشتى.

⑤ بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇركى، پات يېقىندا ئۇلارغا بۇ ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى مەلۇم بولىدۇ.

⑥ ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ پۈتۈۋەتكەندۇر﴾. (سۇرە مۇجادەلە 21-ئايەت)

⑦ يەنى ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن.

⑧ ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلارغا قاچان كېلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرغىن.

أَفَبِعَذَابِنَا يَسْتَعْجِلُونَ ﴿١٧٦﴾ فَإِذَا نَزَلَ بِسَاحَتِهِمْ فَسَآءَ صَبَاحُ
ٱلْمُنذَرِينَ ﴿١٧٧﴾ وَتَوَلَّ عَنْهُمْ حَتَّىٰ حِينٍ ﴿١٧٨﴾ وَأَبْصِرْ فَسَوْفَ
يُبْصِرُونَ ﴿١٧٩﴾ سُبْحَٰنَ رَبِّكَ رَبِّ ٱلْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٨٠﴾ وَسَلَٰمٌ عَلَى
ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٨١﴾ وَٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٨٢﴾

*ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزغا ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟ [176]. ئازاب ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بۇ ئەتىگەننى نېمىدېگەن يامان!① [177]. ئۇلار بىلەن بىر مەزگىل كارىڭ بولمىسۇن [178]. سەن ئۇلارغا قاراپ تۇرغىن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي كۆرگۈلۈكنى (يەنى كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ② [179]. قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر③ [180]. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن!④ [181]. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!⑤ [182].*

① مۇسۇلمانلار خەيبەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە، يەھۇدىيلار ئۇلارنى كۆرۈپ، قورقۇشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ بۈيۈكتۇر)» دەپ تەكبىر ئېيتتى ۋە مۇنداق دېدى: «خەيبەر خاراب بولسۇن! (يەنى خەيبەردىكىلەر بىزدىن يېڭىلسۇن!)، بىز چوقۇم بىر قەۋمنىڭ ھويلىسىغا (يەنى سەيناسىغا) چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان! (يەنى ئۇلارنىڭ ئەتىگىنى ناھايىتى ئۇسال بولىدۇ)». (سەھىھۇل بۇخارى 371-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1365-ھەدىس)

② بۇ ئايەت تەكتىلەش يۈزىسىدىن تەكرار كەلگەن ياكى ئالدىنقى ئايەت بەدرى، ئۇھۇد ۋە باشقا غازاتلاردا كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت دۇنيادىكى ئازابنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى ئايەت كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار ئاخىرەتتە دۇچار بولىدىغان ئازابنى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلار چاپلىغان بوھتاندىن، موھتاجلىقتىن ۋە ھەرقانداق كەمچىلىكتىن پاك ئىكەنلىكى بايان قىلىندى. مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ بالىسى بار ياكى ئۇنىڭ شېرىكى بار دېگەندەك بوھتانلارنى توقۇغان ئىدى. بۇنداق كەمچىلىك، موھتاجلىق ۋە نۇقسانلار بەندىلەردىلا بولىدۇ، ئۇلار بالىلارغا ھەم شېرىكلەرگە موھتاج بولىدۇ، ئاللاھ تائالا بارلىق كەمچىلىك ۋە نۇقسانلاردىن خالىيدۇر، پاكتۇر، يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر ۋە ئۇلۇغدۇر. چۈنكى، ئۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ھېچ ۋاقىت ئۇ بالىغا، نە شېرىككە موھتاج بولغان ئەمەس.

④ پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى دۇنيا ئەھلىگە يەتكۈزدى، ئۇلار بۇ خىزمىتى ئۈچۈن سالام، تەبرىك ۋە تەقدىرلەشكە ئەلۋەتتە لايىقتۇر.

⑤ بۇ ئايەتتە بەندىلەرگە شۇنداق ئۇقتۇرۇلىۋاتىدۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە كۆپ مەرھەمەت قىلدى، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، كىتابلارنى چۈشۈردى، پەيغەمبەرلەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزدى، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىڭلار. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ھالاك قىلىپ، مۇئمىنلەرنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ساقلاپ قالدى، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىڭلار ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار. ھەمدۇسانا

ئېيتىش دېگەن ئاللاھنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇش، ئۇلۇغلۇقىنى بايان قىلىش، نېمەتلىرىنى ئەسلەش، بۈيۈكلىكىگە باش ئېگىشنى كۆرسىتىدۇ.

# سۈرە ساد

| | |
|---|---|
| (٣٨) سورة ص مكية ٨٨ آية | (38) سۈرە ساد مەككىدە چۈشكەن 88 ئايەت |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

صٓ وَٱلۡقُرۡءَانِ ذِي ٱلذِّكۡرِ ﴿١﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي عِزَّةٖ وَشِقَاقٖ ﴿٢﴾
كَمۡ أَهۡلَكۡنَا مِن قَبۡلِهِم مِّن قَرۡنٖ فَنَادَواْ وَّلَاتَ حِينَ مَنَاصٖ ﴿٣﴾
وَعَجِبُوٓاْ أَن جَآءَهُم مُّنذِرٞ مِّنۡهُمۡۖ وَقَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا سَٰحِرٞ
كَذَّابٌ ﴿٤﴾

***ساد. ۋەز-نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى①، (مۇھەممەد ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەردىندۇر) [1]. لېكىن كاپىرلار مەغرۇرلانماقتا ۋە (پەيغەمبەرگە) قارشى تۇرماقتا② [2]. بىز ئۇلاردىن ئىلگىرى (كۇفرى تۈپەيلىدىن) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئىدۇق③، (ئازابنى كۆرگەندە) ئۇلار پەرياد قىلىشتى، ھالبۇكى، ئۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى④ [3]. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى⑤، ئۇ كاپىرلار: «بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر [4].***

① يەنى ئۇ قۇرئان سىلەرگە پايدىلىق ھەرتۈرلۈك ۋەز-نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارمۇ تەرتىپكە چۈشىدۇ، ئاخىرەتلىكىڭلارمۇ ياخشى بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿ذِي الذِّكْرِ﴾ دېگەن سۆزنى ئۇلۇغ، شانلىق ۋە مەرتىۋىسى ئۈستۈن دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ھەر ئىككى ئۇقۇم توغرا، چۈنكى قۇرئان كەرىم شانلىق، ئۇلۇغ، يەنە مۇئمىنلەر ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەت، ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر. يۇقىرىدىكى قەسەمنىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ جاۋاب تۆۋەندىكىچە: ئىش ئۇلار ئېيتقاندەك ئەمەس، يەنى مەككە كاپىرلىرى ئېيتقاندەك مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام (نە سېھىرگەر، نە شائىر، نە يالغانچى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەق پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭغا بۇ ئۇلۇغ قۇرئان نازىل قىلىنغاندۇر.

② يەنى بۇ قۇرئان شەك-شۈبھىدىن پاكتۇر، ئىبرەت ئالىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر. بىراق كاپىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلانمايۋاتىدۇ. سەۋەبى شۇكى، ئۇلاردا ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق كېسىلى ناھايىتى ئېغىر، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇخالىپەتچىلىك، قارشىلىق ۋە تەرسالىق مەۋجۇت. يەنى ئۇلاردا ھەققە قارشى تۇرۇش خاھىشى كۈچلۈك.

③ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە چىدامچان ۋە كۈچلۈك ئىدى، لېكىن پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلغانلىقى ۋە كىتابلارنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى.

④ ئۇلار ئازابنى كۆرگەندە مەدەت تىلەپ پەرياد قىلىشتى، تەۋبە قىلماقچى بولغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. لېكىن بۇ نە تەۋبە قىلىدىغان، نە قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. شۇ ۋەجىدىن نە ئۇلارنىڭ ئىمانى پايدا بەرمىدى، نە ئازابتىن قېچىپ كېتەلمىدى. ﴿مَنَاصٍ﴾ " نَاصَ، يَنُوصُ " دېگەن پېئىلدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، قاچماق، چېكىنمەك دېگەن مەنىدە.

⑤ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر ئىنساننىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىدىن ھەيران قېلىشتى.

أَجَعَلَ ٱلْأَلِهَةَ إِلَٰهًا وَٰحِدًاۖ إِنَّ هَٰذَا لَشَيْءٌ عُجَابٌ ﴿٥﴾ وَٱنطَلَقَ
ٱلْمَلَأُ مِنْهُمْ أَنِ ٱمْشُواْ وَٱصْبِرُواْ عَلَىٰٓ ءَالِهَتِكُمْۖ إِنَّ هَٰذَا لَشَيْءٌ
يُرَادُ ﴿٦﴾ مَا سَمِعْنَا بِهَٰذَا فِى ٱلْمِلَّةِ ٱلْأَخِرَةِ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا ٱخْتِلَٰقٌ ﴿٧﴾
أَءُنزِلَ عَلَيْهِ ٱلذِّكْرُ مِنۢ بَيْنِنَاۚ بَلْ هُمْ فِى شَكٍّ مِّن ذِكْرِىۚ بَل
لَّمَّا يَذُوقُواْ عَذَابِ ﴿٨﴾

*ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش» دېدى① [5]. ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيشنىڭ) كاتتىباشلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ (ئۇلارغا): «سىلەر (ئۆز دىنىڭلاردا) مېڭىۋېرىڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا چوقۇنۇشتا چىڭ تۇرۇڭلار②، بۇ (مۇھەممەد دەۋەت قىلىۋاتقان ئىش ئۇنىڭ نوپۇزغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە مەقسەتلىك (پىلانلىق) بولۇۋاتقان بىر ئىشتۇر③ [6]. بىز بۇنى ئاخىرقى دىندىنمۇ ئاڭلىمىغان ئىدۇق④، بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر⑤ [7]. قۇرئان ئارىمىزدىن (بىزگە نازىل بولماي) ئۇنىڭغا نازىل بولۇپتىمۇ؟»⑥ دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مېنىڭ زىكرىم (يەنى قۇرئان) توغرۇلۇق شەكتىدۇر⑦، بەلكى (توغرىسى شۇكى) ئۇلار مېنىڭ ئازابىمنى تېخى تېتىمىدى⑧ [8].*

① يەنى پەقەت بىر ئاللاھ پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، شۇنداقلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە نامىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشقا لايىق زاتمۇ پەقەت شۇ بىر ئاللاھتۇر. بۇ سۆز ئۇلارغا ھەيران قالارلىق تۇيۇلدى.

② يەنى دىنىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، مۇھەممەدنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالماڭلار.

③ يەنى مۇھەممەد بىزنى تەۋھىدكە چاقىرىش ئارقىلىق مەبۇدلىرىمىزنى تاشلاتقۇزۇپ، ئۆزىگە ئەگەشتۈرمەكچى، بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىنى يۈرگۈزمەكچى.

④ «ئاخىرقى دىن» دېگەندە قۇرەيشلەرنىڭ دىنى ياكى ناسارالارنىڭ

دىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى مۇھەممەد بىزنى چاقىرىۋاتقان تەۋھىد دەۋىتىنى بىز ھېچبىر دىندىكىلەردىن ئاڭلىمىغان ئىدۇق.

⑤ يەنى تەۋھىد-ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش پەقەت مۇھەممەد ئۆزى تاپقان ئويدۇرما، بولمىسا خرىستىئان دىندىمۇ باشقىلارنى ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا شېرىك دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، دېدى.

⑥ ئۇلار: مەككىدە كاتتا ئەرباپلار ۋە پۇلدارلار بار، ئەگەر ئاللاھ بىر كىمنى پەيغەمبەر قىلماقچى بولسا، شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللايتتى. ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ تاللانماي، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىنىپ قالغانلىقى، قۇرئاننىڭ ئۇنىڭغا نازىل بولغانلىقى ئاجايىپ ئىش، دېدى. «بەدخۇي ئادەمنىڭ باھانىسى تولا» دېگەندەك ئۇلار ئۆزلىرىچە ئاللاھ تائالانىڭ تاللىغىنىدىن قۇسۇر چىقاردى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا يەنە بىر سۈرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾.[(سۈرە زۇخرۇف 31-، 32-ئايەتلەر)

⑦ يەنى ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى بىلمىگەنلىكتىن ياكى ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدا ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيدىن شەكلەنگەنلىكىدىن، بولۇپمۇ بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقىدىندۇر.

⑧ ئەگەر ئازابنى تېتىپ باققان بولسا، شۇ قەدەر روشەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلمىغان بولاتتى. ئۇلار ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ جازاسى بولغان ئازابنى تېتىغان چاغدا، نە تەستىق قىلىش ئەسقاتمايدۇ، نە ئىمان ئېيتىش پايدا بەرمەيدۇ.

أَمۡ عِندَهُمۡ خَزَآئِنُ رَحۡمَةِ رَبِّكَ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡوَهَّابِ ۝٩ أَمۡ لَهُم مُّلۡكُ

ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَاۖ فَلۡيَرۡتَقُواْ فِي ٱلۡأَسۡبَٰبِ ﴿١٠﴾ جُندٞ مَّا
هُنَالِكَ مَهۡزُومٞ مِّنَ ٱلۡأَحۡزَابِ ﴿١١﴾ كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَعَادٞ
وَفِرۡعَوۡنُ ذُو ٱلۡأَوۡتَادِ ﴿١٢﴾ وَثَمُودُ وَقَوۡمُ لُوطٖ وَأَصۡحَٰبُ لۡـَٔيۡكَةِۚ
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلۡأَحۡزَابُ ﴿١٣﴾

***ياكى ئۇلاردا ھەممىگە غالىب، ناھايىتى كەرەملىك رەببىڭنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى بارمۇ؟① [9]. ياكى ئۇلار ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقىغا ئىگىمۇ؟ (ئەگەر شۇنداق بولسا) شوتىلار بىلەن (يەنى سەۋەبلەرنى قىلىپ ئاسمانغا) ئۆرلەپ باقسۇن!② [10]. (ئۇلار رەسۇلۇللاھقا قارشى) بىر قانچە گۇرۇھتىن ئۇيۇشقان، ئۇ يەردە (يەنى بەدرىدە) مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولغان كىچىككىنە بىر قوشۇندۇر③ [11]. ئۇلاردىن (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن) ئىلگىرى نۇھ قەۋمى، ئاد (قەۋمى) ۋە قوزۇقلار ئىگىسى پىرئەۋن④ (قەۋمى)، سەمۇد قەۋمى، لۇت قەۋمى ۋە ئەيكىلىكلەر (يەنى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى) مۇ (ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان ئىدى⑤، ئەنە شۇلار (پەيغەمبەرلەرگە قارشى ئۇيۇشقان) گۇرۇھلار ئىدى [12 ـ 13].***

① ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، خالىمىغان كىشىگە بەرمەيدۇ. پەيغەمبەرلىكمۇ ئۇنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرىدىندۇر. بارلىق خەزىنىلەر ھەممىدىن كۆپ بەرگۈچى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئۇ ھەممىنىڭ ئىگىسى تۇرسا، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىكنى نېمە ئۈچۈن ئىنكار قىلىدۇ؟ پەيغەمبەرلىكنى ئۇنىڭغا ئاللاھ ئۆزىنىڭ خاس رەھمىتىدىن ئاتا قىلغاندۇر.

② يەنى ئەگەر ئۇلار شۇنداق پادىشاھلىققا ئىگە بولسا، ئاسمانغا چىقىپ مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم)گە نازىل بولۇۋاتقان ۋەھىينى ئۈزۈۋەتسۇن! ﴿أَسۡبَٰبِ﴾ "سَبَبٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ھەر قانداق بىر ۋاستىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ سۆز پەرىشتىلەر ئاسماندىن زېمىنغا چۈشىدىغان شوتا، ۋاستە، يول، ئامال-چارە، ئارغامچا، دەرۋازا دەپمۇ

تەرجىمە قىلىنغان. يەنى شوتىلار ئارقىلىق ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغىچە چىقىپ، ۋەھيىنى ئۈزۈپ باقسۇن! (فەتھۇلقەدىر)

③ ﴿جُنْدٌ﴾ جۈملىدىن قالدۇرۇلغان «ئۇلار» دېگەن باش كېلىشنىڭ خەۋىرى. "ما" بولسا چوڭلۇقنى ياكى ئاجىزلىقنى ئىپادىلەش ۋە تەكىتلەش ئۈچۈن كېلىدىغان قوشۇمچە. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالا تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدەت بېرىدىغانلىقى ۋە كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن ۋەدىدۇر. يەنى كاپىرلارنىڭ ئەسكەرلىرى دىنغا قارشى بىلەشكەن مەغلۇپ بولغۇچى ئەسكەرلەردىندۇر، ئۇلار كۆچلۈك بولسۇن ياكى ئاجىز بولسۇن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماڭلار، نە ئۇلاردىن قورقۇپ قالماڭلار، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئۇلار ھېچنېمە ئەمەس، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر. ﴿هُنَالِكَ﴾ «ئۇ يەردە» بۇ كۆرسىتىش ئالماش يىراقتىكى نەرسىگە ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ يەردە بەدرى غازىتىغا ۋە مەككە فەتھى قىلىنىدىغان كۈنگە قارىتىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇ يەردە كاپىرلار ئېغىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغان ئىدى.

④ پىرئەۋن بۇ يەردە «قوزۇقلار ئىگىسى» دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇ زالىم غەزىپىنى كەلتۈرگەن كىشىنى قوزۇقلارغا باغلاپ، ئۇنىڭ قوللىرى، پۇتلىرى ۋە بېشىغا مىخ قاقاتتى. يەنە بىر مەنىدە بۇ ئىبارە ئىستىئارە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە مۇستەھكەم سەلتەنەت ئىگىسى بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. يەنى مىخ ۋە قوزۇق نەرسىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

⑤ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت قىلىش دائىرىسى مەديەندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇ يېزىلاردىكى كىشىلەر ئەيكە دەرىخىگە چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن «ئەيكىلىكلەر» دەپ ئاتالغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئەيكىلىكلەر بىلەن مەديەنلىكلەرنىڭ پەيغەمبىرى بىر ئىدى. تەپسىلاتى سۈرە شۇئەرا 176-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

إِن كُلٌّ إِلَّا كَذَّبَ ٱلرُّسُلَ فَحَقَّ عِقَابِ ﴿١٤﴾ وَمَا يَنظُرُ هَـٰٓؤُلَآءِ إِلَّا

صَيۡحَةً وَٰحِدَةً مَّا لَهَا مِن فَوَاقٖ ﴿١٥﴾ وَقَالُواْ رَبَّنَا عَجِّل لَّنَا قِطَّنَا
قَبۡلَ يَوۡمِ ٱلۡحِسَابِ ﴿١٦﴾ ٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَٱذۡكُرۡ عَبۡدَنَا دَاوُۥدَ
ذَا ٱلۡأَيۡدِۖ إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿١٧﴾ إِنَّا سَخَّرۡنَا ٱلۡجِبَالَ مَعَهُۥ يُسَبِّحۡنَ بِٱلۡعَشِيِّ
وَٱلۡإِشۡرَاقِ ﴿١٨﴾

***(ئۇ گۇرۇھلاردىن) ھەربىرى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئازابىمغا تېگىشلىك بولدى (ۋە شۇ ئازاب بىلەن ھالاك بولدى) [14]. بۇلار (يەنى مەككە مۇشرىكلىرى) دەھشەتلىك بىر ئاۋاز (يەنى بىرىنچى قېتىملىق سۇر)نىلا كۈتىدۇ①، ئۇنىڭ ئازراقمۇ تەخىرى يوقتۇر② [15]. ئۇلار (مەسخىرە قىلىپ): «ئى رەببىمىز! (سەن بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابتىن) نېسىۋىمىزنى بۇرۇنراق ـ ھېساب كۈنىدىن ئىلگىرى بەرگىن» دېيىشتى③ [16]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ دەۋاتقان سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، (دىندا) كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن④. ئۇ ھەقىقەتەن (ئاللاھقا) ئىتائەتمەن بەندە ئىدى [17]. شەكسىزكى، بىز (ئۇنىڭغا) تاغلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇ تاغلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى (داۋۇد بىلەن) بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى [18].***

① يەنى ئۇلار قىيامەت قايىم بولۇشى ئۈچۈن چېلىنىدىغان سۇر ئاۋازىنىلا كۈتىدۇ.

② تۆگە بالىسىنى بىر قېتىم ئېمىتىپ ئاندىن ئەمچىكىگە سۈت يىغىلغۇچە بىر دەم قويۇپ تۇرۇپ، ئاندىن يەنە ئېمىتىدۇ. بۇ ئىككى قېتىم ئېمىتىشنىڭ ئارىسىدىكى توختاش مۇددىتى ﴿فَوَاقٍ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك سۇر چېلىنغاندىن كېيىن شۇنچىلىك مۇددەت ئۆتمەي تۇرۇپلا، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى باشلىنىپ كېتىدۇ.

③ ﴿قِطَّ﴾نىڭ مەنىسى نېسىۋە، نامە ئەمەل ياكى قىسمەت دېمەكتۇر. يەنى بىزنىڭ نامە ئەمەللىرىمىزگە لايىق نېسىۋىمىزنى، مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، بىزگە ھېساب كۈنىدىن بۇرۇن دۇنيادا بەرگىن. بۇ خۇددى سۈرە ئەنكەبۇتتىكى ﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىكىدەك بىر تەلەپتۇر. بۇ

ئۇلارنىڭ قىيامەتنىڭ بولۇشىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراپ، ئازابنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن دېگەن سۆزىدۇر.

④ ﴿أَيْدِ﴾ " يَدٌ " (قول)نىڭ كۆپلۈك شەكلى ئەمەس، بەلكى، " آدَ، يَئِيْدُ " دېگەن پېئىلنىڭ تومۇرى بولۇپ، كۈچلەندۈرۈش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان " تَأْيِيْدٌ تَقْوِيَةٌ " قوللىماق، كۈچلەندۈرمەك، ياردەم بەرمەك مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىندا كۈچلۈك ھەم مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدۇر. ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان روزا، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىگىچە ئۇخلايتتى. قالغان يېرىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدە ناماز ئوقۇيتتى. ئۈچتىن بىرىدە يەنە ئۇخلايتتى. بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى. دۈشمەنگە يولۇقسا قاچمايتتى، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى» (سەھىھۇل بۇخارى 3420-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1159-ھەدىس)

وَٱلطَّيْرَ مَحْشُورَةً ۖ كُلٌّ لَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿١٩﴾ وَشَدَدْنَا مُلْكَهُۥ وَءَاتَيْنَٰهُ ٱلْحِكْمَةَ
وَفَصْلَ ٱلْخِطَابِ ﴿٢٠﴾ ۞ وَهَلْ أَتَىٰكَ نَبَؤُا۟ ٱلْخَصْمِ إِذْ تَسَوَّرُوا۟
ٱلْمِحْرَابَ ﴿٢١﴾ إِذْ دَخَلُوا۟ عَلَىٰ دَاوُۥدَ فَفَزِعَ مِنْهُمْ ۖ قَالُوا۟ لَا تَخَفْ ۖ
خَصْمَانِ بَغَىٰ بَعْضُنَا عَلَىٰ بَعْضٍ فَٱحْكُم بَيْنَنَا بِٱلْحَقِّ وَلَا تُشْطِطْ
وَٱهْدِنَآ إِلَىٰ سَوَآءِ ٱلصِّرَٰطِ ﴿٢٢﴾ إِنَّ هَٰذَآ أَخِى لَهُۥ تِسْعٌ وَتِسْعُونَ
نَعْجَةً وَلِىَ نَعْجَةٌ وَٰحِدَةٌ

*قۇشلارنىمۇ (ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارمۇ) توپلىشىپ تۇرۇپ، ھەربىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەسبىھ ئېيتاتتى① [19]. بىز ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق②، ئۇنىڭغا ھېكمەتنى③ ۋە (ھەق-ناھەقنى) ئايرىپ سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدۇق④ [20]. (ئى پەيغەمبەر!) دەۋاگەرلەرنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (داۋۇد ئىبادەت قىلىۋاتقان) ئىبادەتگاھنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ*

***چۈشۈشتى⑤ [21]. ئۇلار داۋۇدنىڭ يېنىغا كىرگەندە، داۋۇد ئۇلاردىن قورقۇپ كەتتى⑥. ئۇلار: «قورقمىغىن، بىز بىرىمىز ـ بىرىمىزگە يولسىزلىق قىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى⑦ [22]. (ئۇلارنىڭ بىرى) «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ⑧ 99 ساغلىقى بار، مېنىڭ بىرلا ساغلىقىم بار ئىدى،***

① يەنى كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان ۋاقىتلاردا تاغلار داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارمۇ ئۇنىڭ زەبۇرنى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، ھاۋادىلا توپلىناتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تەسبىھ ئېيتاتتى. ﴿مَحْشُورَةً﴾ مەجمۇئە بولۇپ، توپ-توپ بولۇپ دېگەن مەنىسىدە.

② ھەر خىل ماددىي ۋە مەنىۋى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق.

③ يەنى ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك، ئىلغار ئىدىيە، توغرا سۆز ۋە توغرا ئىش ئاتا قىلدۇق.

④ دەۋاگەرلەر ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ئىقتىدار، يىراقنى كۆرىدىغان كۆز، ھەق-ناھەقنى ئايرىيالايدىغان ئەقىل-ئىدراك، دەلىل كەلتۈرۈش ۋە بايان قىلىش ماھارىتى ئاتا قىلدۇق.

⑤ ﴿مِحْرَابَ﴾ دېگەندە ئۇ كىشىلەردىن ئايرىلىپ ئايرىم ئىبادەت قىلىدىغان خاس ھۇجرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبادەتكە باشقىلارنىڭ دەخلى قىلماسلىقى ئۈچۈن، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئىشىك باقار قويغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ دەۋاگەرلەر ئارقا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئۆيگە كىردى.

⑥ قورقۇشىنىڭ سەۋەبى ئېنىق بولۇپ، بىرىنچىدىن: ئۇلار ئىشىكتىن كىرمەي، ئارقا تامدىن سەكرەپ كىردى. ئىككىنچىدىن: ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ پادىشاھىدىن قىلچە قورقۇپ قالماستىن، دادىللىق بىلەن كىرىپ كەلدى. زاھىرى سەۋەب-ئامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە قورقىدىغان نەرسىلەردىن قورقۇش ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بار ئىش. بۇ ئىش نە پەيغەمبەرلىككە، نە تەۋھىدكە زىت كەلمەيدۇ. زاھىرىي سەۋەب

بولماستىن، ئاللاھنىڭ غەيرىيدىن قورقۇش تەۋھىدكە زىت كېلىدۇ.

⑦ ئۇلار كىرىپلا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، قورقماسلىقنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇلار: ئارىمىزدا يۈز بەرگەن بىر جېدەل توغرۇلۇق سەندىن ھۆكۈم قىلىشنى سوراپ كەلدۇق، ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، دېدى.

⑧ قېرىنداش دېگەندە دىنىي قېرىنداش ياكى تىجارەتتىكى شېرىك ياكى دوستنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قېرىنداش سۆزىنى قوللىنىش خاتا ئەمەس.

فَقَالَ أَكۡفِلۡنِيهَا وَعَزَّنِي فِي ٱلۡخِطَابِ ﴿٢٣﴾ قَالَ لَقَدۡ ظَلَمَكَ بِسُؤَالِ نَعۡجَتِكَ إِلَىٰ نِعَاجِهِۦۖ وَإِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلۡخُلَطَآءِ لَيَبۡغِي بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٍ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَقَلِيلٞ مَّا هُمۡۗ وَظَنَّ دَاوُۥدُ أَنَّمَا فَتَنَّٰهُ فَٱسۡتَغۡفَرَ رَبَّهُۥ وَخَرَّۤ رَاكِعٗا وَأَنَابَ۩ ﴿٢٤﴾ فَغَفَرۡنَا لَهُۥ ذَٰلِكَۖ وَإِنَّ لَهُۥ عِندَنَا لَزُلۡفَىٰ وَحُسۡنَ مَـَٔابٖ ﴿٢٥﴾

*قېرىندىشىم ئاشۇ (بىر ساغلىق)نىمۇ ماڭا بەرگىن دەۋاتىدۇ①، (ئارىمىزدا بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرە بولۇپ) ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويدى» دېدى② [23]. داۋۇد ئېيتتى: «ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستتىنلا ساڭا ئۇۋال قىپتۇ. شېرىكلەرنىڭ تولىسى بىر - بىرىگە (شۇنداق) يولسىزلىق قىلىدۇ③، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇنداقلار بەكمۇ ئازدۇر»④. داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلىپ، رەببىدىن مەغپىرەت تىلىدى، سەجدىگە باش قويدى⑤ ۋە (ئاللاھقا) تەۋبە قىلدى [24]. بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق⑥، ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە يېقىنلىققا ۋە گۈزەل بىر ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ [25]*

① يەنى ئۇ بىر ساغلىقنىمۇ مېنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋەتكىن،

ھەممىگە ئۆزۈم ئىگە بولىمەن دەۋاتىدۇ.

② ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى «ئۇ سۆزلەشتە مەندىن ئۇستۇن كەلدى» يەنى ئۇنىڭ پۇل-مېلى كۆپ، ھەم گەپدان. ئۇ گەپدانلىقى بىلەن كىشىلەرنى ئاسانلا قايىل قىلىۋېتىدۇ.

③ يەنى كىشىلەر ئارىسىدا شېرىكلەرنىڭ بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلىشى، بىرى يەنە بىرىنىڭ نېسىۋىسىنى ئۆزىنىڭكىگە قوشۇۋېلىش قىلمىشلىرى كۆپتۇر.

④ ئەلۋەتتە بۇنداق خاتالىقتىن ھەقىقىي مۇئمىنلەر يىراق تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاللاھتىن قورقۇش بار، ئۇلار ياخشى ئەمەللەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇڭا باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈكىنى ناھەق يەۋېلىش خاھىشى ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار ئالىدىغانلار ئەمەس، بەلكى بېرىدىغانلاردۇر. ئەمما، ئۇنداق گۈزەل ئەخلاقلىقا ئىگە كىشىلەر كۆپ ئەمەس.

⑤ ﴿وَخَرَّ رَاكِعًا﴾ يەنى سەجدە قىلىش ئۈچۈن يىقىلدى، سەجدىگە باش قويىدى دېگەن مەنىدە.

⑥ داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلدى ۋە دەرھال تەۋبە قىلىپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەپۇ قىلدى. قۇرئان كەرىمدە بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى تىلغا ئېلىنمىغان، بىرەر سەھىھ ھەدىستىمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق بىر رىۋايەت يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى مۇپەسسىرلەر بەنى ئىسرائىل رىۋايەتلىرىگە ئاساسلىنىپ بىر پەيغەمبەرنىڭ شەنىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان قىسسىلەرنى تەپسىرگە قوشۇپ قويغان. ئەمما ئىمام ئىبنى كەسىر بۇنىڭغا قارىتا بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتقان ۋە مۇنداق دېگەن: قۇرئان ۋە ھەدىس بۇ توغرۇلۇق سۈكۈت قىلغان ئىكەن، بىزنىڭ تەپسىلاتىنى ئىزدەپ يۈرۈشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۈچىنچى بىر قىسىم مۇپەسسىرلەر قۇرئان كەرىم ئىشچام بايان قىلغان نەرسىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىش كېرەك دەپ قاراپ، بۇ ۋەقەنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلدى. ئەمما ئۇلىمالار بۇ بايانلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن ئەمەس. ئۇ مۇپەسسىرلەرنىڭ بەزىسى مۇنداق دېگەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالام قول ئاستىدىكى بىر ئەسكەرگە ئايالىنى تالاق

قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ شۇ دەۋرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ئەيىب سانالمايدىغان بىر ئىش ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئايالىدىكى ئىقتىدار ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈپ كاللىسىدا، بۇ ئايال ئادەتتىكى ئاياللاردىن ئەمەس، بەلكى مەلىكىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى، ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن پۈتۈن دۆلەت پايدىلىنىشى كېرەك، دىگەن ئوي-پىكىر پەيدا بولغان. گەرچە ئۇنىڭ پىكرى ھەر قانچە ياخشى نىيەتكە ئاساسلانغان بولسىمۇ، بىر قانچە سەۋەبتىن مۇناسىپ ئەمەس ئىدى، بىرىنچىدىن: ئۇنىڭ بىر قانچە ئايالى بار ئىدى. ئىككىنچىدىن: شۇ زاماننىڭ پادىشاھىدىن بۇنداق بۇيرۇقنىڭ سادىر بولۇشى خەلققە زۇلۇم قىلغانلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا، دراما تۈسىنى ئالغان بىر ۋەقە ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. بۇ ھەقىقەتتە ئۇنىڭغا بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەن ئىككى كىشى پەرىشتىلەردىن ئىدى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە يۈز بەرمىگەن بىر دەۋانى كۆتۈرۈپ كىردى. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىقى شۇ ئىدىكى، ئۇ دەۋاگەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ رايىنى بايان قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى، جاۋابكارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى زۆرۈر دەپ قارىمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇنى مۇشۇنداق سىناققا دۇچار قىلدى، ئۇ خاتالىقنى ھېس قىلدى ۋە بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بىر سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يەنى سەجدىگە باش قويدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىككى كىشى پەرىشتىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلاردىن ئىدى، كۆتۈرۈپ كەلگەن دەۋا راست بولغان ۋەقە ئىدى، ئۇلار ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. بۇ ۋەقەدە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە ئېغىر بېسىقلىقىدىن ئىمتىھان ئېلىندى. چۈنكى، بۇ ۋەقەدە ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ياقمايدىغان بىر قانچە يولسىزلىق ۋە ئەدەپسىزلىك ئامىللىرى بار ئىدى. بىرىنچىسى: ئۇلار رۇخسەتسىز تامدىن سەكرەپ چۈشكەن ئىدى. ئىككىنچىسى: مۇناسىپ بولمىغان بىر ۋاقىتتا كىرىپ ئىبادەتكە دەخلى قىلغان ئىدى. ئۈچىنچىسى: ئۇلارنىڭ سۆزلەش ئۇسلۇبىمۇ (مەسىلەن: ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن... دىگەندەك سۆزلىرى) داۋۇد ئەلەيھىسسالامدەك بىر پادىشاھقا خىتاب قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى توغرا ئۇسلۇبقا مۇۋەپپەق قىلدى، شۇڭا ئۇ غەزەبتىن پارتىلاپمۇ كەتمىدى.

ئىغىر بېسىقلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. دىلىدا پەيدا بولغان كىچىككىنە تەبىئىي نارازىلىقنىمۇ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكى دەپ ھېسابلىدى .يەنى بۇ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن سىناق بولغانلىقى ئۈچۈن، دىلىدا كىچىككىنە تەبىئىي نارازىلىق ئىپادىسىمۇ بولماسلىقى لازىم ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىدى. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

يَٰدَاوُۥدُ إِنَّا جَعَلْنَٰكَ خَلِيفَةً فِى ٱلْأَرْضِ فَٱحْكُم بَيْنَ ٱلنَّاسِ
بِٱلْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعِ ٱلْهَوَىٰ فَيُضِلَّكَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَضِلُّونَ
عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌۢ بِمَا نَسُوا۟ يَوْمَ ٱلْحِسَابِ ﴿٢٦﴾
وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَآءَ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَٰطِلًا ۚ ذَٰلِكَ ظَنُّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ ۚ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنَ ٱلنَّارِ ﴿٢٧﴾ أَمْ نَجْعَلُ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ كَٱلْمُفْسِدِينَ فِى ٱلْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ
ٱلْمُتَّقِينَ كَٱلْفُجَّارِ ﴿٢٨﴾ كِتَٰبٌ أَنزَلْنَٰهُ إِلَيْكَ مُبَٰرَكٌ لِّيَدَّبَّرُوٓا۟ ءَايَٰتِهِۦ
وَلِيَتَذَكَّرَ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٢٩﴾ وَوَهَبْنَا لِدَاوُۥدَ سُلَيْمَٰنَ ۚ نِعْمَ ٱلْعَبْدُ
إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿٣٠﴾ إِذْ عُرِضَ عَلَيْهِ بِٱلْعَشِىِّ ٱلصَّٰفِنَٰتُ ٱلْجِيَادُ ﴿٣١﴾ فَقَالَ
إِنِّىٓ أَحْبَبْتُ حُبَّ ٱلْخَيْرِ عَن ذِكْرِ رَبِّى حَتَّىٰ تَوَارَتْ بِٱلْحِجَابِ ﴿٣٢﴾
رُدُّوهَا عَلَىَّ ۖ فَطَفِقَ مَسْحًۢا بِٱلسُّوقِ وَٱلْأَعْنَاقِ ﴿٣٣﴾

***ئى داۋۇد! شەكسىزكى، بىز سېنى يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىن، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب (ئېلىنىدىغان) كۈنىنى ئۇنتۇغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا قالىدۇ [26]. بىز ئاسمانىنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق①، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى ھالىغا ۋاي! [27].***

***ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە (ھەمىشە) بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى گۇناھكارلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ [28]. (ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى (ئەتراپلىق) تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر [29]. بىز داۋۇدقا سۇلەيماننى ئاتا قىلدۇق، سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! شەكسىزكى، ئۇ (ئاللاھقا) بەكمۇ ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى [30]. ئۆز ۋاقتىدا بىر كەچقۇرۇنلۇقى ياخشى يۈگۈرۈك ئاتلار ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلدى② [31]. ئۇ: «مەن ھەقىقەتەن ئاتلارنى رەببىمنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ياخشى كۆردۈم، ئۇلار (كۆزۈمدىن) غايىب بولغۇچە (ئۇلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بىلەن بولدۇم)، ئاتلارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. (ئاتلار ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن) سۇلايمان ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى③ [33].***

① بەلكى، ئالاھىدە بىر مەقسەتتە ياراتتۇق. ئۇ بولسىمۇ، بەندىلىرىم ماڭا ئىبادەت قىلسۇن. كىمكى ماڭا ئىبادەت قىلسا، مەن ئۇنى ئوبدان مۇكاپاتلايمەن. كىمكى ماڭا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇنىڭغا جەھەننەمدە ئازاب باردۇر.

② ﴿الصّٰفِنٰتُ﴾ " صَافِنٌ أو صَافِنَةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۈرە تۇرغاندا، ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ، تۆتىنچى پۇتىنىڭ تۇۋىقىنى يەرگە سەل تەگكۈزۈپ تۇرىدىغان ئاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الْجِيَادُ﴾ " جَوَادٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ياخشى يۈگۈرۈك ئاتلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام جىھاد ئۈچۈن تاللىغان ئاتلار ناھايىتى ئېسىل ۋە تېز چاپىدىغان ئاتلار ئىدى، بۇ ئاتلار ئۇنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلدى. ﴿الْعَشِيِّ﴾ پېشىندىن ياكى ئەسىردىن تارتىپ كۈن پاتقىچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش بار. بىرىنچى قاراش بويىچە: ئايەتتىكى ﴿اَحْبَبْتُ﴾ " آثَرْتُ " (ئارتۇق كۆردۈم) دېگەن مەنىدە. ﴿عَنْ﴾ بولسا ﴿عَلَى﴾ مەنىسىدە كەلگەن.

﴿تَوَارَتْ﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى " الشَّمْسُ " (قۇياش) بولۇپ جۈملىدە تىلغا ئېلىنمىغان، ئەمما ئايەتنىڭ سىياقى ئۇنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ تەپسىرگە ئاساسەن ئالدىنقى ئايەتتىكى ﴿مَسْحًا بِالسُّوقِ وَ الْأَعْنَاقِ﴾نىڭ مەنىسى «مَسْحًا بِالسَّيْفِ ى»ەنى ئاتلارنىڭ بويۇنلىرىغا ۋە پاچاقلىرىغا قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ چېپىشقا باشلىدى، دېگەن بولىدۇ. دېمەك سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئەسىر نامىزىنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتا قىلىدىغان مۇھىم ئىشىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئېغىر كەلگەن ۋە مەن ئاتلارغا ھەددىدىن زىيادە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، كۆڭلۈمنىڭ پۈتۈن ئەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھنىڭ زىكرى نامازدىن ياكى مۇھىم ئىشىمدىن قاپتىمەن، دېگەن. بۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ بارلىق ئاتلارنى ئاللاھنىڭ يولىدا بوغۇزلاشقا بۇيرۇق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاتلار بوغۇزلانغان. ئىمام شەۋكانى ۋە ئىمام ئىبنى كەسىر قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇ شەرھىنى توغرا دەپ قارىدى. ئىككىنچى قاراش بويىچە: ﴿عَنْ﴾ " لِأَجْلِ يەنى " لِأَجْلِ ذِكْرِ رَبِّيْ مەنىسىدە بولۇپ، مەن ئاتلارنى رەببىمنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن. يەنى بۇ ئاتلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىلى بولىدۇ، دېدى. ئاندىن ئۇ ئاتلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتلارغا تېخىمۇ قىزىقىپ، ئۇلارنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى، سۆيۈنگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى ۋە پاچاقلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. ﴿الْخَيْرِ﴾ قۇرئان كەرىمدە مال مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە ئاتلار ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، شۇڭا ﴿تَوَارَتْ﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى ئاتلار بولىدۇ. ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى بۇ ئىككىنچى شەرھىنى ئەڭ توغرا دەپ قارىدى، بۇ شەرھى بىر قانچە نۇقتىدىن توغرا ھېسابلىنىدۇ. توغرىسى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

وَلَقَدْ فَتَنَّا سُلَيْمَـٰنَ وَأَلْقَيْنَا عَلَىٰ كُرْسِيِّهِۦ جَسَدًا ثُمَّ أَنَابَ ﴿٣٤﴾
قَالَ رَبِّ ٱغْفِرْ لِى وَهَبْ لِى مُلْكًا لَّا يَنۢبَغِى لِأَحَدٍ مِّنۢ بَعْدِىٓ ۖ إِنَّكَ
أَنتَ ٱلْوَهَّابُ ﴿٣٥﴾

***بىز ھەقىقەتەن سۇلەيماننى سىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەتنى تاشلاپ قويدۇق①، ئاندىن ئۇ (بۇنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ) تەۋبە قىلدى [34]. سۇلايمان ئېيتتى: «ئى رەببىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان بىر ھۆكۈمرانلىقنى ئاتا قىلغىن②، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن» [35].***

① بۇ نېمە سىناق ئىدى؟ ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە تاشلانغان جەسەت كىمنىڭ جەسىتى ئىدى؟ بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شېرىپتە ھېچقانداق بىر تەپسىلات تېپىلمايدۇ. ئەمما، بەزى مۇپەسسىرلەر سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بىر ۋەقەنى مۇشۇ سىناق بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئۇ ۋەقە مۇنداق: بىر قېتىم سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۆز-ئۆزىگە: مەن بۈگۈن ئاخشام ھەممە ئاياللىرىم (ئۇلارنىڭ سانى يەتمىش ياكى توقسان ئىدى) بىلەن بىر يەردە بولىمەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان بىردىن چەۋەنداز تۇغۇلىدۇ، دېگەن. ئەمما، «ئاللاھ خالىسا» دېمىگەن (پەقەت ئۆزىنىڭ تەدبىرىگە تايانغان). نەتىجىدە بىر ئايالىدىن باشقا ھېچقايسىسى ھامىلىدار بولمىغان. ھامىلىدار ئايالى تۇغقان بالىمۇ مۇكەممەل ئەمەس، كەمتۈك بىر بالا بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ‹ ئاللاھ خالىسا › دېگەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ھەممە ئايالىدىن مۇجاھىد تۇغۇلغان بولاتتى». (سەھىھۇل بۇخارى **3424**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **1654**-ھەدىس) مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭ «ئاللاھ خالىسا» دېمەستىن ئۆز تەدبىرىگە تايانغانلىقى ئۇنىڭدىن ئېلىنغان سىناق بولۇشى، تەختى ئۈستىگە تاشلانغان جەسەت كەمتۈك تۇغۇلغان بوۋاق بولۇشى مۇمكىن. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

② يەنى چەۋەندازلار قوشۇنى تۇغۇلسىكەن دېگەن ئارزۇيۇم سېنىڭ ھېكمىتىڭ ۋە ئىرادەڭ بويىچە ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەمما ماڭا شۇنداق كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق ئاتا قىلغىنكى، مەندىن باشقا ھېچكىمگە مۇنداق ھۆكۈمرانلىق بېرىلىپ باقمىغان بولسۇن، ئۇ چاغدا ماڭا بالىلىرىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ دۇئاسىمۇ ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

فَسَخَّرۡنَا لَهُ ٱلرِّيحَ تَجۡرِي بِأَمۡرِهِۦ رُخَآءً حَيۡثُ أَصَابَ ﴿٣٦﴾
وَٱلشَّيَٰطِينَ كُلَّ بَنَّآءٖ وَغَوَّاصٖ ﴿٣٧﴾ وَءَاخَرِينَ مُقَرَّنِينَ فِي ٱلۡأَصۡفَادِ ﴿٣٨﴾
هَٰذَا عَطَآؤُنَا فَٱمۡنُنۡ أَوۡ أَمۡسِكۡ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿٣٩﴾ وَإِنَّ لَهُۥ عِندَنَا
لَزُلۡفَىٰ وَحُسۡنَ مَـَٔابٖ ﴿٤٠﴾ وَٱذۡكُرۡ عَبۡدَنَآ أَيُّوبَ إِذۡ نَادَىٰ رَبَّهُۥٓ أَنِّي
مَسَّنِيَ ٱلشَّيۡطَٰنُ بِنُصۡبٖ وَعَذَابٍ ﴿٤١﴾

***(شۇنىڭ بىلەن) بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، شامال ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى① [36]. ھەمدە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) ئۇستا بىناكار ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە - مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق [37]. يەنە زەنجىرلەر بىلەن بىر - بىرىگە باغلانغان نۇرغۇن شەيتانلارنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)② [38]. (بىز سۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى) «بۇ بىزنىڭ (ساڭا بەرگەن) ئىنئامىمىزدۇر، (ئۇنىڭدىن سەن خالىغان كىشىگە) بەرگىن، ياكى بەرمىگىن، (سەندىن) ھېساب ئېلىنمايدۇ»③ [39]. شەكسىزكى، سۇلەيمان بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا يېقىنلىققا ۋە ياخشى ماقامغا ئېرىشىدۇ④ [40]. (ئى پەيغەمبەر!) بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە (دۇئا قىلىپ): «شەيتان ماڭا كۆپ جاپا - مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلغان ئىدى⑤ [41].***

① يەنى بىز سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدۇق ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق ھۆكۈمرانلىق ئاتا قىلدۇقكى، ھەتتا شامالمۇ ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن ماڭىدىغان بولدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە شامالنى «لەرزان ماڭىدىغان» دەپ سۈپەتلىدى، ئەمما سۈرە ئەنبىيا **81**-ئايەتتە «سوغۇق ۋە تېز ماڭىدىغان» دەپ سۈپەتلىگەن ئىدى. دېمەك، شامال ئەسلىي يارىتىلىشتىكى كۈچىدىن قارىغاندا قاتتىق سوغۇقتۇر. لېكىن، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن لەرزان قىلىپ بېرىلگەن ياكى ئېھتىياجىغا قاراپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بويىچە بەزىدە قاتتىق، بەزىدە لەرزان ماڭىدىغان بولغان. (فەتھۇلقەدىر)

② جىن-شەيتانلاردىن بويسۇنمىغان ياكى كاپىر بولغانلار ھەددىدىن ئاشماسلىقى ئۈچۈن، زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ قويۇلغان ئىدى.

③ يەنى سېنىڭ دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىپ ساڭا كاتتا ھۆكۈمرانلىق ئاتا قىلدۇق. ئەمدى ئىنسانلاردىن خالىغان كىشىگە نېمەتلەردىن بەرگىن، خالىمىغان كىشىگە بەرمىگىن، بىز سەندىن ھېساب ئالمايمىز.

④ يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا دۇنيادا يۇقىرى مەرتىۋە ئاتا قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە ئاخىرەتتە خاس مەرتىۋە ۋە يۇقىرى ماقامغا (گۈزەل جايغا) ئېرىشىدۇ.

⑤ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ۋە ئۇنىڭ كېسەلگە سەۋر قىلغانلىقى مەشھۇر بىر ۋەقەدۇر. ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى سىناش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ تېنىنى كېسەل، مال-مۈلۈكىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى يوق قىلىش بىلەن ئېغىر كۈلپەتلەرگە مۇپتىلا قىلدى. ئۇنىڭ بىر ئايالىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغان ئىدى. ئايالى ئۇنى تاشلاپ قويماي، خىزمىتىنى قىلدى. باشقىلارغا ئىشلەپ يۈرۈپ پۇل تېپىپ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى باقتى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار، ئۇلارنىڭ قانچىسىنىڭ خاتا، قانچىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك دەلىل يوق. ﴿نُصۡبٍ﴾ دېگەندە جىسمانىي كۈلپەت. ﴿عَذَابٍ﴾ دېگەندە ئىقتىسادىي سىناقنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە بۇ كۈلپەت ۋە سىناقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەرەپتىن بولسىمۇ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى شەيتانغا مەنسۇپ قىلدى، بۇنىڭ سەۋەبى ئېھتىمال ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى بىلەن مۇشۇنداق سىناقلارغا دۇچ كېلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سالغان بولۇشى مۇمكىن ياكى ئەدەب ۋە ئېھتىرام يۈزىسىدىن ياخشىلىقنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىپ، يامانلىقنى ئۆزىگە ياكى شەيتانغا مەنسۇپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ٱرۡكُضۡ بِرِجۡلِكَۖ هَٰذَا مُغۡتَسَلُۢ بَارِدٞ وَشَرَابٞ ﴿٤٢﴾ وَوَهَبۡنَا لَهُۥٓ أَهۡلَهُۥ
وَمِثۡلَهُم مَّعَهُمۡ رَحۡمَةٗ مِّنَّا وَذِكۡرَىٰ لِأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٤٣﴾ وَخُذۡ بِيَدِكَ
ضِغۡثٗا فَٱضۡرِب بِّهِۦ وَلَا تَحۡنَثۡۗ إِنَّا وَجَدۡنَٰهُ صَابِرٗاۚ نِّعۡمَ ٱلۡعَبۡدُ

إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿٤٤﴾

*بىز ئۇنىڭغا: «يۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» (دېدۇق، ئۇ يەرنى تەپكەندىن كېيىن، بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ئاندىن ئۇنىڭغا) «مانا بۇ يۇيۇنىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق)① [42]. بىز ئۇنىڭ (ئالەمدىن ئۆتكەن) ئەھلى - ئەۋلادىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ (يىغىپ) بەردۇق②. (بۇلارنىڭ ھەممىسى) بىزدىن بىر رەھمەتتۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (سەۋرنىڭ نەتىجىسى غەلىبە ئىكەنلىكىنى خاتىرلىتىدىغان) نەسىھەتتۇر③ [43]. بىز (ئۇنىڭغا) «قولۇڭغا بىر باغلام چىۋىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن»④ (دېدۇق). بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىنتايىن سەۋرچان ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ (ئاللاھقا) ناھايىتى ئىنتائەت قىلغۇچىدۇر [44].*

① ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى ۋە ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ يەرنى تېپىشكە بۇيرۇدى. ئۇ تەپكەن يەردىن بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ئۇنىڭدىن چىققان سۇنى ئىچىش بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى كېسەللىرى ساقايدى، يۇيۇنۇش بىلەن تاشقى كېسەللىرى شىپا تاپتى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ يەردىن ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىققان، بىر بۇلاقنىڭ سۈيىدە يۇيۇنغان، يەنە بىر بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىچكەن. لېكىن، قۇرئاننىڭ لەۋزى سىياقى ئالدىنقى ئۇقۇمنى يەنى بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىققانلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

② بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆلۈپ كەتكەن بالا - چاقىلىرىنى تىرىلدۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بىر ھەسسە ئارتۇق بەردى. لېكىن، بۇ سۆزنىڭ ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن كەلگەنلىكى ئىسپاتلانمىغان. شۇڭا، توغرا تەپسىر شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىن كۆپ مال - مۈلۈك ۋە ئەۋلاد ئاتا قىلدى يەنى ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق بەردى.

③ يەنى بىز ئۇنىڭغا مەزكۇر نېمەتلەرنى قايتا ئاتا قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە مەرھەمىتىمىزنى ئىزھار قىلدۇق، بۇنداق قىلىشتىن

مەقسەت، ئەقىل ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلسۇن ئۈچۈندۇر.

④ ئۇ كىسەل بولۇپ ياتقان كۈنلەردە خىزمىتىنى قىلغان ئايالىنى بىر ئىشتا خاتا كەتكەنلىكى ئۈچۈن 100 قامچا ئۇرۇشقا قەسەم قىلغان ئىدى. ساقايغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا (ئۇنىڭغا) ﴿قولۇڭغا بىر باغلام چىۋىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن﴾ دېدى. بۇ ھۆكۈم ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغىلا خاسمۇ ياكى باشقىلارمۇ ئايالىنى 100 قامچا ئۇرۇشقا قەسەم قىلغان بولسا، بىر باغلام چىۋىق بىلەن ئۇرۇپلا قەسىمىنى ئادا قىلسا بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار، بەزىلەر ئۇنىڭغا باشقىلار ئەمەل قىلسىمۇ بولىدۇ، دەيدۇ. بەزى ئۆلىمالار: ئەگەر قاتتىق ئۇرۇشنى نىيەت قىلمىغان بولسا، شۇنداق قىلسا بولىدۇ، دەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بىر ھەدىستىن مەلۇم بولۇشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر ئۆزرىلىك ئاجىز زىناخورنى 100 قامچا ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا 100 دانە ئۇششاق شاخچىلىرى بار بىر تال شاخ بىلەن بىرنى ئۇرۇپ جازالىغان. (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 222-بەت، سۈنەنى ئىبنى ماجە 2574-ھەدىس (بۇ ھەدىستىن ئالاھىدە ئەھۋالدا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشنىڭ جائىزلىقى مەلۇم بولىدۇ.

وَٱذۡكُرۡ عِبَٰدَنَآ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ أُوْلِي ٱلۡأَيۡدِي
وَٱلۡأَبۡصَٰرِ ﴿٤٥﴾ إِنَّآ أَخۡلَصۡنَٰهُم بِخَالِصَةٖ ذِكۡرَى ٱلدَّارِ ﴿٤٦﴾ وَإِنَّهُمۡ عِندَنَا
لَمِنَ ٱلۡمُصۡطَفَيۡنَ ٱلۡأَخۡيَارِ ﴿٤٧﴾ وَٱذۡكُرۡ إِسۡمَٰعِيلَ وَٱلۡيَسَعَ وَذَا ٱلۡكِفۡلِۖ
وَكُلّٞ مِّنَ ٱلۡأَخۡيَارِ ﴿٤٨﴾ هَٰذَا ذِكۡرٞۚ وَإِنَّ لِلۡمُتَّقِينَ لَحُسۡنَ مَـَٔابٖ ﴿٤٩﴾

***(ئى پەيغەمبەر! ئىبادەتتە) كۈچلۈك ۋە (دىندا) پاراسەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن① [45]. بىز ئۇلارنى ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان ئالاھىدە خىسلەتكە ئىگە (سەممىي كىشىلەر) قىلدۇق② [46]. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە تاللانغان ياخشى كىشىلەردۇر [47]. سەن ئىسمائىلنى، ئەلىيەسەئنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى***

*ياخشىلاردىندۇر③ [48]. بۇ (قۇرئان) نەسىھەتتۇر، تەقۋادارلارغا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە گۈزەل بىر مەنزىل بار [49].*

① يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا ۋە دىنغا ياردەم بېرىشتە ناھايىتى كۈچلۈك، دىنىي ۋە ئىلمىي جەھەتتە پاراسەتلىك كىشىلەر ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿اَلْاَيْدِىْ﴾ دېگەن " نِعَم " (نېمەتلەر، ئىنئاملار) مەنىسىدە، دېمەك ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ خاس ئېھسانى ۋە ئىنئاملىرىغا ئېرىشكەن كىشىلەر ئىدى ياكى ئۇلار كىشىلەرگە ئېھسان قىلغۇچىلار ئىدى.

② يەنى بىز ئۇلارنى ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرسۇن ئۈچۈن تاللىدۇق، شۇڭا ئاخىرەت ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. (ھەر ۋاقىت ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرۇشمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىن بولۇپ، تەقۋادارلىقنىڭ ئاساسىدۇر) يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىش ۋە ئاخىرەتنى ئەسلىتىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

③ ئەلىيەسەئ ئەلەيھىسسالام بولسا ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھى ئىدى. ﴿اَلْيَسَعَ﴾ ئەسلىدە يەسەئە دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئەجەم ئىسىملىرىدىن بولۇپ، تونۇشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىغا ئەلىف لام قوشۇلغان. زۇلكىفىلنىڭ مەلۇماتى سۈرە ئەنبىيا 85 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

جَنَّٰتِ عَدۡنٖ مُّفَتَّحَةٗ لَّهُمُ ٱلۡأَبۡوَٰبُ ﴿٥٠﴾ مُتَّكِـِٔينَ فِيهَا يَدۡعُونَ فِيهَا
بِفَٰكِهَةٖ كَثِيرَةٖ وَشَرَابٖ ﴿٥١﴾ ۞ وَعِندَهُمۡ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرۡفِ أَتۡرَابٌ ﴿٥٢﴾
هَٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِيَوۡمِ ٱلۡحِسَابِ ﴿٥٣﴾ إِنَّ هَٰذَا لَرِزۡقُنَا مَا لَهُۥ مِن
نَّفَادٍ ﴿٥٤﴾ هَٰذَاۚ وَإِنَّ لِلطَّٰغِينَ لَشَرَّ مَـَٔابٖ ﴿٥٥﴾ جَهَنَّمَ يَصۡلَوۡنَهَا فَبِئۡسَ
ٱلۡمِهَادُ ﴿٥٦﴾ هَٰذَا فَلۡيَذُوقُوهُ حَمِيمٞ وَغَسَّاقٞ ﴿٥٧﴾

*(ئۇ گۈزەل مەنزىل) دەرۋازىلىرى ئۇلارغا ئوچۇق تۇرىدىغان،*

***دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردۇر [50]. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە (تەختلەرگە) يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە نۇرغۇن مېۋىلەرنى ۋە نۇرغۇن شەربەتلەرنى تەلەپ قىلىپ (ئەكەلدۇرۇپ) تۇرىدۇ [51]. ئۇلارنىڭ يانلىرىدا باشقىلارغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ياش قۇرامى ئوخشاش جۈپلىرى بولىدۇ① [52]. (ئى تەقۋادارلار!) بۇ قىيامەت كۈنى سىلەرگە (بېرىلىدىغانلىقى) ۋەدە قىلىنغان نېمەتتۇر [53]. شەكسىزكى، بۇ بىزنىڭ ھەرگىز تۈگىمەيدىغان ئىنئامىمىزدۇر② [54]. بۇ ③ (تەقۋادارلارنىڭ ئەھۋالىدۇر، ئەمما كۇفرىدا ۋە گۇناھتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر④ [55]. ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [56] بۇ (يۇقىرى ھارارەتلىك) قىزىق سۇدۇر، قان - يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن⑤ [57].***

① ئۇلار ئۆز ئەرلىرىدىن باشقىلارغا نەزىرىنى سالمايدۇ. ﴿أَتۡرَابٌ﴾ "تِرْبٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ياش-قۇرامى تەڭ، ئۆزگەرمەس ھۆسنى-جامالغا ئىگە جۈپلەر، ھۆرلەر دېگەن مەنىدە.

② ﴿رِزۡقُ﴾ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىق ۋە ئىنئامنى كۆرسىتىدۇ. ﴿هَٰذَا﴾ دېگەندىن جەننەت ئەھلى بەھرىمەن بولىدىغان مەزكۇر نېمەتلەر ۋە ئىززەت-ئىكراملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿نَفَادٍ﴾ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، تۈگەپ كەتمەيدىغان دېگەن مەنىدە. دېمەك ئۇ نېمەتلەر تۈگەپ كەتمەيدۇ، ئىززەت-ئىكراملارمۇ دائىملىق بولىدۇ.

③ ﴿هَٰذَا﴾ «بۇ» ئىگە بولۇپ، خەۋىرى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. بۇ يەنى تەقۋادارلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ھەقىقەتتۇر، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ياكى ﴿هَٰذَا﴾ «بۇ» خەۋەر بولۇپ، ئىگە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. مەنىسى، ئىش مانا بۇدۇر، يەنى تەقۋادارلارنىڭ ئەھۋالى بۇدۇر، دەپ گەپ ئۈزۈلۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنىدۇ.

④ ﴿طَٰغِينَ﴾ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلار جەھەننەمگە كىرىدۇ. ﴿يَصۡلَوۡنَ﴾ " يَدْخُلُوْنَ " كىرىدۇ مەنىسىدە.

⑤ ﴿حَمِيمٌ وَغَسَّاقٌ﴾ بولسا، ﴿هَٰذَا﴾ دېگەن ئىگىنىڭ خەۋىرى بولۇپ،

تەرتىۋى ﴿هَٰذَا حَمِيمٌ وَغَسَّاقٌ فَلْيَذُوقُوهُ﴾ بولىدۇ. مەنىسى «بۇ قىزىق سۇدۇر، قان-يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن». ﴿حَمِيمٌ﴾ دېگەن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ بولۇپ، ئىچكەنلەرنىڭ ئىچ-باغرىنى كۆيدۇرۇپ، ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ﴿غَسَّاقٌ﴾ دېگەن دوزىخىيلارنىڭ بەدەنلىرىدىن چىققان مەينەت قان-يىرىڭدۇر ياكى ئۇ ئىچكۈچى بەرداشلىق بېرەلمىگۇدەك دەرىجىدىكى سوغۇق سۇدۇر.

وَءَاخَرُ مِن شَكْلِهِۦٓ أَزْوَٰجٌ ﴿٥٨﴾ هَٰذَا فَوْجٌ مُّقْتَحِمٌ مَّعَكُمْ لَا مَرْحَبًۢا
بِهِمْ إِنَّهُمْ صَالُوا۟ ٱلنَّارِ ﴿٥٩﴾ قَالُوا۟ بَلْ أَنتُمْ لَا مَرْحَبًۢا بِكُمْ أَنتُمْ
قَدَّمْتُمُوهُ لَنَا فَبِئْسَ ٱلْقَرَارُ ﴿٦٠﴾ قَالُوا۟ رَبَّنَا مَن قَدَّمَ لَنَا هَٰذَا
فَزِدْهُ عَذَابًا ضِعْفًا فِى ٱلنَّارِ ﴿٦١﴾

*يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلارمۇ بار① [58]. (ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن دوزاخقا كىرگەن چاغدا، ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە): «بۇ گۇرۇھ سىلەر بىلەن بىرگە (دوزاخقا) كىرگۈچىدۇر» (دېيىلىدۇ)②. (ئەگەشتۈرگۈچىلەر) «ئۇلار قارشى ئېلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارغا ياخشىلىق يوق، چۈنكى)③، ئۇلار چوقۇم (بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر» (دەيدۇ)④ [59]. (ئەگەشكۈچىلىرى): «بەلكى سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر (يەنى سىلەرگە ياخشىلىق يوق)، بۇ (ئازاب)نى سىلەر بىزگە ئېلىپ كەلدىڭلار (يەنى بىزنى ئازدۇرۇپ دوزاخقا كىرىشىمىزگە سەۋەبچى بولدۇڭلار)⑤، بۇ (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!» دەيدۇ [60]. (ئەگەشكۈچىلىرى يەنە): «ئى رەببىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى كىم ئېلىپ كەلگەن بولسا⑥، ئۇنىڭ دوزاخ ئىچىدىكى ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن» دەيدۇ⑦ [61].*

① ﴿شَكْلِهِۦٓ﴾ شەكلى خىلمۇ خىل ﴿أَزْوَٰجٌ﴾ تۈرلۈك ئازابلار بار. مەسىلەن: قاتتىق سوغۇق سۇ، قان-يىرىڭ، قايناق سۇ ئىچىش، زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىدىن يېيىش قاتارلىق تۈرلۈك ئازابلار.

② دوزاخنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرغان پەرىشتىلەر كۇفرى-زالالەت پېشۋالىرىغا ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن دوزاخقا كىرگەندە شۇنداق دەيدۇ ياكى كۇفرى-زالالەت پېشۋالىرى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دەيدۇ.

③ ئەگەشتۈرگۈچى پېشۋالار پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن دوزاخقا كىرگەن كاپىرلارغا شۇنداق دەيدۇ ياكى ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە ﴿سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر﴾ دەيدۇ. " رَحْبَةٌ " كەڭ-كۇشادە، ئازادە دېگەن مەنىدە. ﴿مَرْحَبًا﴾ «خۇش كەپسىز! قارشى ئالىمىز!» مېھمانلارنى قارشى ئالغاندا ئىشلىتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزىدۇر. ﴿لَا مَرْحَبًا﴾ بولسا ئۇنىڭ ئەكسىدۇر، يەنى سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر.

④ بۇ ئۇلارنىڭ قارشى ئېلىنماسلىقىدىكى سەۋەبتۇر، يەنى ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق ئالاھىدە پەرق يوق، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش دوزاخقا كىرىدۇ، بىز ئازابقا لايىق بولغاندەك، ئۇلارمۇ دوزاخ ئازابىغا لايىق بولدى.

⑤ يەنى سىلەر كۇفرى ۋە زالالەت يولىنى بىزگە چىرايلىق كۆرسەتتىڭلار، بىزنىڭ دوزاخقا كىرىپ قېلىشىمىزغا سىلەر سەۋەبچى بولدۇڭلار، بۇ سۆزنى ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە ئېيتىدۇ.

⑥ يەنى بىزنى كىم كۇفرىغا دەۋەت قىلىپ، ئۇنى بىزگە توغرا يول دەپ كۆرسەتكەن بولسا ياكى بىزنى كىم كۇفرىغا چاقىرىپ، بىزنىڭ ئازابقا لايىق بولۇشىمىزغا سەۋەبچى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئازاب بەرگىن.

⑦ بۇ تېما قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە سۈرىلەردە بايان قىلىنغان. مەسىلەن: سۈرە ئەئراف **38**-ئايەت، سۈرە ئەھزاب **68**-ئايەت.

وَقَالُواْ مَا لَنَا لَا نَرَىٰ رِجَالٗا كُنَّا نَعُدُّهُم مِّنَ ٱلۡأَشۡرَارِ ﴿٦٢﴾
أَتَّخَذۡنَٰهُمۡ سِخۡرِيًّا أَمۡ زَاغَتۡ عَنۡهُمُ ٱلۡأَبۡصَٰرُ ﴿٦٣﴾ إِنَّ ذَٰلِكَ لَحَقّٞ
تَخَاصُمُ أَهۡلِ ٱلنَّارِ ﴿٦٤﴾ قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ مُنذِرٞۖ وَمَا مِنۡ إِلَٰهٍ إِلَّا ٱللَّهُ
ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّارُ ﴿٦٥﴾ رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا ٱلۡعَزِيزُ

ٱلۡغَفَّٰرُ ٦٦ قُلۡ هُوَ نَبَؤٌاْ عَظِيمٌ ٦٧ أَنتُمۡ عَنۡهُ مُعۡرِضُونَ ٦٨ مَا كَانَ
لِيَ مِنۡ عِلۡمِۭ بِٱلۡمَلَإِ ٱلۡأَعۡلَىٰٓ إِذۡ يَخۡتَصِمُونَ ٦٩ إِن يُوحَىٰٓ إِلَيَّ إِلَّآ أَنَّمَآ
أَنَا۠ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ٧٠

*(ئەگەشتۈرگۈچى كاتتىباشلار) ئېيتىدۇ: «بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېسابلايدىغان ئادەملەرنى (يەنى مۇئمىنلەرنى دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟① [62] بىز ئۇلارنى (دۇنيادا خاتا) مەسخىرە قىلىپ قالدۇقمۇ؟② ياكى (ئۇلار بۇ يەردە بولسىمۇ) كۆزلەر ئۇلاردىن ئېغىپ كەتتىمۇ؟③» [63]. دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆزئارا مۇشۇنداق جاڭجاللىششى مۇقەررەردۇر④ [64]. (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن⑤، غالىب بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر [65]. (ئۇ ئاللاھ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر، (كاپىرلارنى جازالاشتا) ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» [66]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بۇ چوڭ بىر خەۋەردۇر⑥ [67]. سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋاتىسىلەر [68]. يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەر (ئادەم ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق) مۇنازىرىلىشىۋاتقان چاغدا، مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم⑦ [69]. مەن پەقەت ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى⑧ بولغانلىقىم ئۈچۈنلا، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالى) ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇ» [70].*

① ﴿أَشْرَارِ﴾ «يامان ئادەملەر» دېگەندىن كاپىرلارنىڭ نەزىرىدىكى كەمبەغەل مۇئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ئەممار، سۇھەيب، بىلال ۋە سەلمان قاتارلىق ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). مەككە كاتتىباشلىرى ئۇلارنى «يامان ئادەملەر» دەپ ئاتايتتى. ھازىرمۇ باتىل يولدىكىلەر ھەق يولدا ماڭغانلارنى رادىكال، تېررورچى، ئاشقۇن دېگەندەك بەتنامىلار بىلەن ئاتايدۇ.

② يەنى بىز دۇنيادىكى چاغدا ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ خاتا قىلدۇقمۇ؟

③ ياكى ئۇلار دوزاختا بىز بىلەن بىللە تۇرسىمۇ كۆرمەيۋاتامدۇق؟

④ يەنى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆزئارا تاكاللىشىپ، بىر - بىرىگە مالامەت قىلىشى ئەلۋەتتە ھەقتۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر.

⑤ يەنى مەن سىلەر ئويلىغاندەك ئادەم ئەمەس، بەلكى سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە غەزىپىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

⑥ يەنى مەن سىلەرنى ئاخىرەتتىكى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىۋاتىمەن ۋە ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىۋاتىمەن، بۇ چوڭ بىر خەۋەردۇر، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، غەپلەتتە قالماڭلار، بەلكى بۇ ھەقتە سەمىمىيلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار.

⑦ ﴿الْمَلَإِ الْأَعْلَىٰ﴾ دېگەن ئىبارە «يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەر»نى كۆرسىتىدۇ يەنى ماڭا ۋەھيي نازىل بولمىغان بولسا، ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ نېمە توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەنلىكىنى بىلمىگەن بولاتتىم. بۇ يەردىكى مۇنازىرە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىدىغان چاغدىكى پەرىشتىلەر بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتكە قارىتىلغان. بۇ سۆھبەت سۈرە بەقەرە 30-ئايەتتە بايان قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى ئايەتتە ئۇنىڭ بىر قىسمى بايان قىلىنىدۇ.

⑧ يەنى مېنىڭ ۋەزىپەم شۇكى، مەن سىلەرگە: ئەمەل قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان پەرز ۋە سۈننەتلەرنى ئېيتىپ بېرىمەن؛ يەنە ساقلانساڭلار، ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ھارام ۋە گۇناھ ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىمەن. ئەگەر مەن كۆرسەتكەندەك قىلمىساڭلار، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا لايىق بولۇپ قالىسىلەر. مانا بۇ ماڭا ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي خَٰلِقُۢ بَشَرًا مِّن طِينٍ ﴿٧١﴾ فَإِذَا سَوَّيْتُهُۥ
وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُواْ لَهُۥ سَٰجِدِينَ ﴿٧٢﴾ فَسَجَدَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ
كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ ﴿٧٣﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە①: «مەن چوقۇم*

*لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن② [71]. ئۇنى مەن بىجىرىم قىلىپ ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن)③ ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە روھىمدىن پۈۋلىگەن چېغىمدا (يەنى ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا)④، ھەممىڭلار ئۇنىڭ ئالدىدا سەجدىگە يىقىلىڭلار»دېۋىدى⑤ [72]. پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي، ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى⑥ [73].*

① بۇ قىسسە ئىلگىرى سۈرە بەقەرە، سۈرە ئەئراف، سۈرە ھىجىر، سۈرە بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)، سۈرە كەھفتە بايان قىلىنىپ بولغان، بۇ يەردىمۇ ئىخچام شەكىلدە بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

② ئىنسانىنىڭ ﴿بَشَرًا﴾ دەپ ئاتىلىشىتىكى سەۋەب ئۇنىڭ زېمىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنى ھەممە ئىشنى زېمىندا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ " بَادِيَ الْبِشْرَةِ " تېرىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئوچۇق يۈزلۈك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

③ يەنى مەن ئۇنى تۇپراقتىن ياساپ، ئادەم شەكلىگە كىرگۈزگەن ۋە بارلىق ئەزالىرىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل قىلغاندا.

④ يەنى مەن روھىنىڭ ئىگىسىدۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچكىمدە روھ ئاتا قىلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. مەن ئۇ لايدىن شەكىللەنگەن جىسىمغا روھىمدىن پۈۋلىگەن ھامان ئۇنىڭغا جان كىرىدۇ، ئۇنىڭدا كۈچ ۋە ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ جىسمىغا پۈۋلىگەن روھنى «روھىمدىن» دەپ ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغانلىقى ئىنسان ئۈچۈن يېتەرلىك شەرەپتۇر.

⑤ بۇ سەجدە سالام بېرىش ياكى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن قىلىنغان سەجدە بولۇپ، ئىبادەت سەجدىسى ئەمەس. ھۆرمەت يۈزىسىدىن سەجدە قىلىش ئىلگىرى جايىز ئىدى، شۇڭا ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. ھازىر ئىسلامدا ھۆرمەت يۈزىسىدىنمۇ ھېچكىمگە سەجدە قىلىشقا بولمايدۇ. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) ئىنسانغا سەجدە قىلىش جايىز بولىدىغان بولسا، مەن ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم». (سۇنەنى تىرمىزى 1159ـ ھەدىس)

⑥ پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانغا سەجدە قىلغانلىقى ئىنسان ئۈچۈن يەنە بىر شەرەپتۇر. يەنى پەرىشتىلەردىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەخلۇقلارنىڭ ئىنسانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەجدە قىلغانلىقى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿كُلُّهُمْ﴾ دېگەندىن مەلۇم بولدىكى، بىر پەرىشتىمۇ قېپ قالماي بارلىق پەرىشتىلەر سەجدە قىلغان. ﴿أَجْمَعُونَ﴾ دېگەن ئىبارە ھەممە پەرىشتىلەرنىڭ ئايرىم ۋاقىتلاردا ئەمەس، بىرلا ۋاقىتتا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: بىر تەكىتلەش سۆزىدىن كېيىن يەنە بىر تەكىتلەش سۆزىنىڭ كەلگەنلىكى پەرىشتىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سەجدە قىلغانلىقىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. (فەتھۇلقەدىر)

إِلَّآ إِبۡلِيسَ ٱسۡتَكۡبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٧٤﴾ قَالَ يَٰٓإِبۡلِيسُ مَا
مَنَعَكَ أَن تَسۡجُدَ لِمَا خَلَقۡتُ بِيَدَيَّۖ أَسۡتَكۡبَرۡتَ أَمۡ كُنتَ مِنَ
ٱلۡعَالِينَ ﴿٧٥﴾ قَالَ أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡهُ خَلَقۡتَنِي مِن نَّارٖ وَخَلَقۡتَهُۥ مِن
طِينٖ ﴿٧٦﴾ قَالَ فَٱخۡرُجۡ مِنۡهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٞ ﴿٧٧﴾ وَإِنَّ عَلَيۡكَ لَعۡنَتِيٓ إِلَىٰ
يَوۡمِ ٱلدِّينِ ﴿٧٨﴾ قَالَ رَبِّ فَأَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ﴿٧٩﴾ قَالَ فَإِنَّكَ
مِنَ ٱلۡمُنظَرِينَ ﴿٨٠﴾ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡوَقۡتِ ٱلۡمَعۡلُومِ ﴿٨١﴾

***پەقەت ئىبلىسلا (سەجدە قىلمىدى، ئۇ) بويۇنتاۋلىق قىلىپ① كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى② [74]. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىبلىس! مەن ئىككى قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا③ سەجدە قىلىشتىن سېنى نېمە توستى؟ تەكەببۇرلۇق قىلىۋاتامسەن؟ ياكى سەن يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىنمۇ؟» [75]. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى④ [76]. ئاللاھ: «سەن جەننەتتىن يوقال! سەن ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ، ساڭا ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىگە قەدەر مېنىڭ لەنىتىم يېغىپ تۇرسۇن» دېدى [78 ـ 77]. ئىبلىس: «ئى رەببىم! ئۇنداقتا، سەن ماڭا (خالايىق) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر مۆھلەت بەرسەڭ (يەنى مېنى قىيامەتكىچە ھايات قالدۇرساڭ)» دېدى***

***[79]. ئاللاھ: «شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلگۈچىلەردىنسەن» دېدى [81 ـ 80].***

① ئىبلىسمۇ ئاسماندا ياشىغانلىقى ئۈچۈن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئەمما ئۇ تەكەببۇرلۇق قىلىپ سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى.

② بۇ يەردىكى ﴿كَانَ﴾ " صَارَ» مەنىسىدە. يەنى ئىبلىس ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن كاپىر بولۇپ كەتتى ياكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئىلمىدە كاپىر ئىدى.

③ بۇ ئىبارىمۇ ئىنساننىڭ شان-شەرىپىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بولمىسا، ھەر نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر.

④ يەنى شەيتان ئۆزىنىڭ خاتا قارىشى بويىچە ماددىلار ئىچىدە ئوت تۇپراقتىن ئارتۇق دەپ ئويلىدى. ۋەھالەنكى، بۇ ماددىلارنىڭ ھەممىسى تۇر ياكى دەرىجە جەھەتتىن باراۋەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ماددىنىڭ يەنە بىر ماددىدىن شەرەپتە ئۈستۈن بولۇشى بىر تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. بۇ تاشقى ئامىل ئوتقا ئەمەس، بەلكى تۇپراققا تەسىر قىلىپ، دەرىجىسىنى كۆتۈردى، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قولى بىلەن تۇپراقتىن ياسىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئوتقا نىسبەتەن تۇپراقنىڭ شان-شەرىپى ئۈستۈن بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوت بولسا شەيئىلەرنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە تۇپراق بولسا تۇرلۇك زىرائەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر.

قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٨٢﴾ إِلَّا عِبَادَكَ مِنْهُمُ
ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٨٣﴾ قَالَ فَٱلْحَقُّ وَٱلْحَقَّ أَقُولُ ﴿٨٤﴾ لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكَ
وَمِمَّن تَبِعَكَ مِنْهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٨٥﴾ قُلْ مَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ
وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلْمُتَكَلِّفِينَ ﴿٨٦﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٧﴾ وَلَتَعْلَمُنَّ

نَبَأَهُۥ بَعۡدَ حِينِۭ ﴿٨٨﴾

*ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن [82]. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا مۇستەسنادۇر (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)» [83]. (ئاللاھ) ئېيتتىكى: «(مېنىڭ سۆزلىرىم) ھەقتۇر، مەن ھەقنىلا سۆزلەيمەن [84]. ئەلۋەتتە سەن بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن» [85]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن بۇنىڭغا (يەنى دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن قىلچە ھەق تەلەپ قىلمايمەن①، مەن (بۇيرۇلمىغان ئىشنى قىلىپ) ئۆزىنى جاپاغا سالغۇچىلاردىن ئەمەسمەن② [86]. ئۇ (قۇرئان) پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن نەسىھەتتۇر③ [87]. ئۇنىڭ بەرگەن خەۋىرىنىڭ (راست ئىكەنلىكىنى) بىر مەزگىلدىن كېيىن چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر»④ [88].*

① يەنى مېنىڭ دەۋەت-تەبلىغ قىلىشىمدىكى مەقسەت پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشتۇر، پۇل-مال توپلاش ئەمەس.

② يەنى ئاللاھ دېمىگەن نەرسىنى، ئاللاھقا مەنسۇپ قىلمايمەن ياكى مەن سىلەرنى ئاللاھ بۇيرۇمىغان نەرسىلەرگە دەۋەت قىلمايمەن. مەن ئاللاھنىڭ ئەمرىنى، قوشۇپمۇ قويماي ياكى كېمەيتىپمۇ قويماي، سىلەرگە يەتكۈزىۋاتىمەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ئى خالايىق! كىمكى بىرەر شەيئىنى بىلمىسە، «ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر»، دېسۇن. ھەقىقەتەن بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنى «ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېيىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىلىم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە: ﴿وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُتَكَلِّفِينَ﴾ «ئېيتقىنكى، «.. مەن (بۇيرۇلمىغان ئىشنى قىلىپ) ئۆزىنى جاپاغا سالغۇچىلاردىن ئەمەسمەن (يەنى مەن تەكەللۇپ قىلغۇچىلاردىن ئەمەسمەن)» دەپ ئۆگەتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 7293-ھەدىس) بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، تۇرمۇشتىكى بارلىق مۇئامىلىلەردىمۇ تەكەللۇپ، ياسالمىلىق، كۆز بويامچىلىقتىن ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقانىدەك " نُهِيْنَا عَنِ التَّكَلُّفِ " «بىز (تەكەللۇپ)

ياسالمىلىقتىن مەنئى قىلىندۇق». (سەھىھۇل بۇخارى 7293-ھەدىس) سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: " نَهَانَا رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ نَتَكَلَّفَ لِلضَّيْفِ " «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىزنى مېھمانغا تەكەللۇپ قىلىشتىن مەنئى قىلدى». (سەھىھۇلجامى ئەسسەغىر ئەلبانى 1159-ھەدىس) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ئۆي بېزەش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىقلاردىمۇ ياسالمىلىق ۋە تەكەللۇپ قىلىش ئىسلام تەلىماتىغا خىلاپتۇر. ئەپسۇسكى، بۇ ئىشلار بۈگۈنكى كۈندە ئاز-تولا پۇل تاپقانلارنىڭ «تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش» دېگەن نام بىلەن ئېلىپ بارىدىغان پائالىيىتىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىسلام كىشىلەرنى ئاددىي-ساددا، سەمىمىي، تەكەللۇپسىز بولۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.

③ مەن سىلەرنى دەۋەت قىلغان بۇ ئىسلام ياكى بۇ ۋەھىي ياكى بۇ قۇرئان دۇنيادىكى بارلىق ئىنسان ۋە جىنلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر. شەرتى شۇكى، ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئېلىش ۋە توغرا يول تېپىشنى نىيەت قىلغان بولۇشتۇر.

④ يەنى قۇرئان بايان قىلغان ھەقىقەت، ۋەدە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ راستلىقى پات يېقىندا سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا ئايان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ راستلىقى بەدرى غازىتى بولغان كۈنى ۋە مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى ئايان بولدى. يەنە بىر مەنىسى ئۆلىدىغان ۋاقىتتا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن ھەممىگە ئايان بولىدۇ.

# سۈرە زۇمەر

| (٣٩) سورة الزمر مكية ٧٥ آية | (39) سۈرە زۇمەر مەككىدە چۈشكەن 75 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

تَنزِيلُ ٱلْكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَكِيمِ ١ إِنَّآ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ
ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ فَٱعْبُدِ ٱللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ ٱلدِّينَ ٢ أَلَا لِلَّهِ ٱلدِّينُ
ٱلْخَالِصُ

***بۇ كىتاب (ھەممىگە) غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [1]. (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق① ، (شۇنىڭ ئۈچۈن) سەن دىنىنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىپ، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن② [2]. بىلىڭلاركى، خالىس دىن (يەنى خالىس ئىبادەت) پەقەت ئاللاھ ئۈچۈندۇر③ ،***

★ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كېچىسى سۈرە ئىسرا ۋە سۈرە زۇمەرنى تىلاۋەت قىلاتتى». (سۈنەنى تىرمىزى 167 ـ ھەدىس)

① يەنى بۇ كىتابتا تەۋھىد، پەيغەمبەر، ئاخىرەت، پەرز ۋە ئەھكام ھەققىدە بايان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقتۇر. ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىلەن ئىنسان نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

② «دىن» دېگەن سۆزنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى ئىبادەت ۋە ئىتائەتتۇر. «خالىس» سەممىيلىك ۋە ئىخلاس بىلەن ئاللاھنىڭ رىزالىقىنىلا كۆزلەپ ئەمەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت نىيەتتە خالىس بولۇشنىڭ ۋاجىبلىقىغا دەلىلدۇر. ھەدىستىمۇ نىيەتنىڭ خالىس بولۇشنى تەكىتلەپ «ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر» (سەھىھۇل بۇخارى 1-ھەدىس) دېيىلگەن يەنى ھەرقانداق ئەمەل ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىنسا، (سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇش شەرتى بىلەن) قوبۇل قىلىنىدۇ، ھەر قانداق ئەمەلگە يامان غەرەز ئارىلاشسا، قوبۇل قىلىنمايدۇ.

③ بۇ ئايەت ئىلگىرىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان ئىبادەتنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىش دېگەن بۇيرۇقنى تەكىتلەيدۇ. ئىبادەت ۋە ئىتائەت پەقەت ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر، شۇڭا ئىبادەتتە ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىش جايىز ئەمەس، شۇنىڭدەك ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئىتائەتكە ھەقلىق ئەمەس. ئەمما، رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى قۇرئاندا بايان قىلغان، شۇ ۋەجىدىن رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق باشقىلارغا ئەمەس، دەل ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ، ئەمما ئىبادەت ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق كاتتا پەيغەمبەرگىمۇ ئىبادەت قىلىش جايىز بولمايدۇ. پەيغەمبەرگە ئىبادەت قىلىش جايىز بولمىغان يەردە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بىر شەخسكە ئىبادەت قىلىش ئەسلا توغرا ئەمەستۇر. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىچە مەلۇم شەخسلەرنى ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە دەپ دەۋا قىلىشى ئاساسسىزدۇر. ﴿مَا أَنزَلَ اللَّهُ بِهَا مِن سُلْطَانٍ﴾ ﴿ئاللاھ ئۇلار (غا چوقۇنۇش) توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگەن ئەمەس﴾. (سۈرە يۇسۇف 40-ئايەت)

وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ مَا نَعۡبُدُهُمۡ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ إِلَى
ٱللَّهِ زُلۡفَىٰٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ فِي مَا هُمۡ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا
يَهۡدِي مَنۡ هُوَ كَٰذِبٞ كَفَّارٞ ٣ لَّوۡ أَرَادَ ٱللَّهُ أَن يَتَّخِذَ وَلَدٗا

لَّٱصْطَفَىٰ مِمَّا يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۚ سُبْحَٰنَهُۥ ۖ هُوَ ٱللَّهُ ٱلْوَٰحِدُ ٱلْقَهَّارُ ﴿٤﴾
خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ ۖ يُكَوِّرُ ٱلَّيْلَ عَلَى ٱلنَّهَارِ وَيُكَوِّرُ
ٱلنَّهَارَ عَلَى ٱلَّيْلِ ۖ وَسَخَّرَ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ يَجْرِى لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ۗ
أَلَا هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْغَفَّٰرُ ﴿٥﴾

***ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىز بۇلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز»① (دەيدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە (قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم چىقىرىدۇ②. شەكسىزكى، ئاللاھ ھېچبىر يالغانچىنى ۋە (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ③ [3]. ئەگەر ئاللاھ بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقاتىدىن خالىغىنىنى تاللىۋالاتتى. ئاللاھ (بالا تۇتۇشتىن) پاكتۇر④، (بەندىلىرىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن) بويسۇندۇرغۇچى يېگانە ئاللاھتۇر [4]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ئۇ كېچىنى كۈندۈزنىڭ ئۈستىگە يۆگەيدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىنىڭ ئۈستىگە يۆگەيدۇ⑤، كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (ئۆز ئوربىتىسىدا) سەير قىلىپ تۇرىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ (يەنى ئاللاھ ئۆز ئىشىدا) غالىبتۇر، (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [5].***

① بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مەككە مۇشرىكلىرى ئاللاھ تائالانى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە كائىناتنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنداقتا ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرگە چوقۇناتتى؟ بۇ سوئالغا ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابىنى قۇرئان كەرىم بۇ يەردە نەقىل قىلدى. مۇشرىكلارنىڭ جاۋابى: بۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىن بولۇشنى ياكى بۇلارنىڭ بىزگە شاپائەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، بۇلارغا چوقۇنىمىز. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۆزىنى يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلدى: ﴿بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت

قىلغۇچىلاردۇر﴿. (سۈرە يۇنۇس 18-ئايەت)

② چۈنكى دۇنيادا ھېچكىم ئۆزىنىڭ شېرىكتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى ئۆزىنىڭ باتىل يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ھەر كىمنىڭ قىلمىشىغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

③ بۇلار يالغانچىلاردۇر. يەنى باتىل مەبۇدلارغا ئىبادەت قىلىپ تۇرۇپ، بۇلار بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ ياكى شاپائەت قىلىدۇ، دېگەن سۆزلىرىدە يالغانچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەرنى مەبۇد قىلىۋالغانلىقىمۇ چوڭ تۇزكورلۇق ۋە كۇفۇرلۇقتۇر. بۇنداق يالغانچى ۋە تۇزكورلارغا قانداقمۇ ھىدايەت نېسىپ بولسۇن؟

④ جاھىل مۇشرىكلار دەۋا قىلغاندەك ئاللاھ تائالانىڭ بالىلىرى قىزلار بولۇشى كېرەكمۇ؟ ياق، ﴿ئەگەر ئاللاھ بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقاتىدىن خالىغانىنى تاللىۋالاتتى﴾ يەنى ئىش ئۇلار دەۋا قىلغاندەك بولمايتتى. لېكىن، ئاللاھ تائالا بالا تۇتۇشتىن يۈكسەك ۋە ئۈستۈندۇر، بالىغا موھتاج بولۇشتىن ۋە بارلىق نۇقسانلاردىن پاكتۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ ﴿تُكَوِّرُ﴾نىڭ مەنىسى بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسە بىلەن يۆگەش، ئوراش دېمەكتۇر. كېچىنى كۈندۈزنىڭ ئۈستىگە يۆگەيدۇ دېگەننىڭ مەنىسى كېچە كۈندۈزنى ئوراپ ئالىدۇ، ياپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈندۈز كېچىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، نەتىجىدە كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى غايىب بولىدۇ، دېگەن بولىدۇ. كۈندۈزنى كېچىنىڭ ئۈستىگە يۆگەيدۇ دېگەننىڭ مەنىسى كۈندۈز كېچىنى ئوراپ ئالىدۇ، ياپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېچە كۈندۈزنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، نەتىجىدە كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى غايىب بولىدۇ. بۇ ئۇقۇم تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئاللاھ كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ﴾. [(سۈرە ئەئراف 54-ئايەت)

خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَأَنزَلَ لَكُم

مِّنَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ ثَمَٰنِيَةَ أَزۡوَٰجٖۚ يَخۡلُقُكُمۡ فِي بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمۡ خَلۡقٗا
مِّنۢ بَعۡدِ خَلۡقٖ فِي ظُلُمَٰتٖ ثَلَٰثٖۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ لَهُ ٱلۡمُلۡكُۖ لَآ
إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَأَنَّىٰ تُصۡرَفُونَ ٦ إِن تَكۡفُرُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنكُمۡۖ

***(ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ سىلەرنى بىر جاندىن ياراتتى① ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتتى② ۋە چارۋىلاردىن سەككىز تۈرلۈك ئەركەك ـ چىشى ھايۋاننى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى③ . ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنىي، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)④ ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق⑤ ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغىلا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. (شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن) قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟⑥ [6]. ئەگەر سىلەر (تۈزكورلۇق قىلىپ) كاپىر بولساڭلار، (ئۇنتۇماڭلاركى) ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەتتۇر⑦ ،***

① يەنى ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرەت قولى بىلەن ياسىغان ۋە ئۆز روھىدىن پۈۋلىگەن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياراتتى.

② يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى. بۇ ئۇنىڭ كامالى قۇدرىتىدۇر. چۈنكى، ھەۋۋادىن باشقا ھېچقانداق بىر ئايال قايسىبىر ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان ئەمەس. دېمەك، بۇ يارىتىش باشقا نورمال يارىتىشقا ئوخشىمايدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

③ بۇ يەردىكى «سەككىز تۈرلۈك ئەركەك ـ چىشى چارۋا» سۈرە ئەنئام 143 ـ، 144 ـ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان سەككىز تۈرلۈك چارۋىلار بولۇپ، ئۇلار قويدىن بىر جۈپ، ئۆچكىدىن بىر جۈپ، تۆگىدىن بىر جۈپ ۋە كالىدىن بىر جۈپ يەنى ئەركەك ـ چىشىسى بىلەن سەككىز بولىدۇ. بۇ يەردە ﴿أَنۡزَلَ﴾ (چۈشۈردى) دېگەن پېئىل " خَلَقَ " (ياراتتى) مەنىسىدە كەلگەن، يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسەن ئاللاھ تائالا بۇ ھايۋانلارنى ئاۋۋال جەننەتتە ياراتقان ئاندىن زېمىنغا چۈشۈرگەن، شۇنداق بولغاندا بۇ

يەردىكى ﴿أَنزَلَ﴾ (چۈشۈردى) دېگەن پېئىل ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدە كەلگەن بولىدۇ، ياكى ئۇنى كۆچمە مەنىدە كەلگەن دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھايۋانلار ئوت-چۆپسىز ياشىيالمايدۇ، ئوت-چۆپنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن سۇ بولمىسا بولمايدۇ، سۇ ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇردىن ھاسىل بولىدۇ. دېمەك، بۇ ھايۋانلارمۇ ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى ئاناڭلارنىڭ رەھمىدە بىر قانچە باسقۇچتا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتكۈزۈپ يارىتىدۇ. يەنى دەسلەپتە ئابمەنىيدىن لەختە قانغا، ئاندىن پارچە گۆشكە ئۆزگەرتىدۇ، ئاندىن سۆڭەكنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا گۆشنى قوندۇرىدۇ، ئاندىن پەي ۋە تومۇرلارنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىدۇ. مۇشۇ ھەممە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن بىر مۇكەممەل ئىنسان تەييار بولىدۇ.

⑤ ئۈچ قاراڭغۇلۇق بولسا، بىرىنچى: قورساقنىڭ قاراڭغۇلۇقى، ئىككىنچى: بەچچىدان-بالىياتقۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى، ئۈچىنچى: بالىنى ئوراپ تۇرىدىغان باش سۇيى پەردىسى ياكى قېپىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىبارەت.

⑥ يەنە بىر مەنىسى: نېمە ئۈچۈن ھەقتىن باتىلغا ۋە ھىدايەتتىن گۇمراھلىق تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

⑦ يەنى ئىنسان ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتسا، پايدىسى ئۆزىگە بولىدۇ. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلسا، ئاللاھقا نېمە زىيان؟ ئەگەر پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر تۇزكورلۇق قىلىپ كاپىر بولۇپ كەتسىمۇ، ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. تەپسىلاتى ئۈچۈن سۈرە ئىبراھىم 8-ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن.

وَلَا يَرۡضَىٰ لِعِبَادِهِ ٱلۡكُفۡرَۖ وَإِن تَشۡكُرُواْ يَرۡضَهُ لَكُمۡۗ وَلَا تَزِرُ
وَازِرَةٞ وِزۡرَ أُخۡرَىٰۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم مَّرۡجِعُكُمۡ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٧ ۞ وَإِذَا مَسَّ ٱلۡإِنسَٰنَ ضُرّٞ
دَعَا رَبَّهُۥ مُنِيبًا إِلَيۡهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُۥ نِعۡمَةٗ مِّنۡهُ نَسِيَ مَا كَانَ

يَدۡعُوٓاْ إِلَيۡهِ مِن قَبۡلُ وَجَعَلَ لِلَّهِ أَندَادٗا لِّيُضِلَّ عَن سَبِيلِهِۦۚ قُلۡ
تَمَتَّعۡ بِكُفۡرِكَ قَلِيلًا إِنَّكَ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلنَّارِ ٨ أَمَّنۡ هُوَ قَٰنِتٌ
ءَانَآءَ ٱلَّيۡلِ سَاجِدٗا وَقَآئِمٗا يَحۡذَرُ ٱلۡأٓخِرَةَ وَيَرۡجُواْ رَحۡمَةَ رَبِّهِۦۗ

*ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ شۈكۈرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ①، ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ (يەنى ھەر ئادەم قىلغان گۇناھىغا ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ). ئاندىن سىلەر رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، شۇ چاغدا ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى تولۇق بىلگۈچىدۇر [7]. ئىنساننىڭ بېشىغا بىرەر كۈلپەت كەلسە، ئۇ رەببىگە يۈزلەنگەن ھالدا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ (ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ) ئۆز پەزلىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان چاغدا، ئىلگىرى ئۇنىڭغا (كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن) قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ②، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھقا شېرىكلەرنى كەلتۈرىدۇ، ئېيتقىنكى، «سەن كۇفرىلىقىڭ بىلەن تۇرۇپ، (بۇ پانىي دۇنيادىن ئازراق) مەنپەئەتلىنىۋالغىن، سەن چوقۇم دوزاخ ئەھلىدىنسەن [8]. (ئاشۇ كاپىر ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەتتىن (يەنى ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقۇپ، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشى) مۇ؟»③.*

① يەنى گەرچە ئىنسان ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىر بولسىمۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا كۇفرىنى ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە ھېچكىمنى كاپىر بولۇشقا بۇيرۇمايدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ، كاپىر بولۇش بىلەن ئەمەس. دېمەك، ئۇنىڭ ئىرادىسى باشقا نەرسە بولسا، ئۇنىڭ رازىلىقى باشقا بىر نەرسىدۇر. بۇ نۇقتا ئىلگىرىمۇ بىر قانچە سۈرىدە بايان

قىلىندى. سۈرە نەمل 65-ئايەتنىڭ شەرھىسىگە قارالسۇن.

② ياكى بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئىلگىرى ئۇ كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن باشقىلارنى قويۇپ، يالغۇز ئاللاھقىلا دۇئا قىلاتتى، يىلىناتتى. يەنە بىر مەنىسى ئۇ ئۆزى دۇئا قىلغان ۋە يىلىنغان رەببىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئاندىن يەنە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ.

③ دېمەك يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇشرىك ۋە كاپىر بىلەن تەقۋادار ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ياق، ھەرگىز باراۋەر بولمايدۇ. بۇ تەقۋادار ئادەم مەيلى قىيىنچىلىقتا بولسۇن ياكى خۇشاللىقتا بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ، كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىتائەتمەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، ناماز ئوقۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرىدۇ. ئىماننىڭ ئاساسى بولغان قورقۇش بىلەن ئۈمىد ئىچىدە ياشايدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى خىل ئادەم ھەرگىز باراۋەر بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس بار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا: «ھالىڭ قانداقراق؟» دېدى. ئۇ: ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىۋاتىمەن، گۇناھىم تۈپەيلى ئازابتىن قورقۇۋاتىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇندا بىر بەندىنىڭ دىلىغا ئۈمىد ۋە قورقۇش جەم بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغان نەرسىسىنى بېرىدۇ ۋە قورقۇنچىسىدىن خاتىرجەم قىلىدۇ» دېدى. (سۈنەنى تىرمىزى 983-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 4261-ھەدىس)

قُلْ هَلْ يَسْتَوِي ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ۗ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُوا۟ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٩﴾ قُلْ يَٰعِبَادِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ رَبَّكُمْ ۚ لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا۟ فِى هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا حَسَنَةٌ ۗ وَأَرْضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٌ ۗ

*(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟① پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ»② [9]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(ئاللاھ دېدىكى) ئى*

***ئېيتقىن: «ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار③، بۇ دۇنيادا (ئەمەل ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ④. ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭدۇر (كاپىرلار ئارىسىدىن شۇ يەرگە ھىجرەت قىلىڭلار)⑤،***

① يەنى ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان جازا ۋە مۇكاپاتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار بىلەن ئۇنى بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولمايدۇ. بىرى ئالىم، يەنە بىرى جاھىلدۇر. ئىلىم بىلەن جاھالەت ئوتتۇرىسىدا پەرق بولغاندەك، ئالىم بىلەن جاھىل ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. يەنە ئالىم بىلەن جاھىل ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن بۇ مىسالدىن شۇنى چۈشەندۇرۇش مەقسەتكى، بۇ ئىككىسى باراۋەر بولمىغاندەك، ئاللاھقا بويسۇنغانلار بىلەن بويسۇنمىغانلار باراۋەر بولمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى مۇنداق بايان قىلدى: ئالىم دېگەن ئىلىمگە ئەمەل قىلغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆگەنگەن ئىلىمدىن مەنپەئەت ئالىدۇ. ئەمما ئەمەل قىلمىغان كىشى ئالىم ھېسابلانمايدۇ، بۇ ئېتىبار بىلەن بۇ يەردىكى مىسال ئەمەل قىلغۇچى بىلەن ئەمەل قىلمايدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئىككىسى باراۋەر بولمايدۇ.

② ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى بولسا، كاپىرلار ئەمەس، بەلكى مۇئمىنلەردۇر. كاپىرلار ئۆزلىرىنى دانىشمەن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى دەپ ئويلايدۇ، لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، تەپەككۇر قىلمايدۇ، ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئالمايدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار گويا چاھارپايلارغا ئوخشاش ئەقىل-ئىدراكتىن مەھرۇمدۇر.

③ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش، چەكلىمىلەردىن يىراق تۇرۇش، ئىبادەت ۋە ئىتائەتنى خالىس ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىش بىلەن تەقۋادارلىق قىلىڭلار.

④ بۇ تەقۋادارلىقنىڭ پايدىسىدۇر. «ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ» يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ ئەبەدىي نېمەتلىرىگە ئېرىشىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلىققا» دېگەن سۆزنى «بۇ دۇنيادا» بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ تەپسىر قىلغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى «(ئەمەل-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغانلار بۇ دۇنيادا ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ»

دېگەن بولىدۇ، يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيادا ساغلاملىق، باياشات تۇرمۇش، مۇۋەپپەقىيەت ۋە باشقا نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. لېكىن ئاخىرەتتىكى ئۇقۇم ئەڭ توغرا.

⑤ بۇ ئايەت مۇنداق بىر مۇھىم ئىشقا ئىشارە قىلىدۇكى، ئەگەر ئۆز ۋەتىنىڭلاردا ئىمانىڭلارنى تەقەززاسى بويىچە تەقۋادارلىق بىلەن ياشاش قىيىن بولسا، ئۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ياخشى ئەمەس، بەلكى ئۇ يەردىن ھىجرەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ھايات كەچۈرەلەيدىغان، ئىمان ۋە تەقۋادارلىق يولىدا توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغان جايلارغا كۆچۈپ كېتىش لازىم.

إِنَّمَا يُوَفَّى ٱلصَّٰبِرُونَ أَجۡرَهُم بِغَيۡرِ حِسَابٖ ۝١٠ قُلۡ إِنِّيٓ أُمِرۡتُ أَنۡ
أَعۡبُدَ ٱللَّهَ مُخۡلِصٗا لَّهُ ٱلدِّينَ ۝١١ وَأُمِرۡتُ لِأَنۡ أَكُونَ أَوَّلَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ۝١٢
قُلۡ إِنِّيٓ أَخَافُ إِنۡ عَصَيۡتُ رَبِّي عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ۝١٣ قُلِ ٱللَّهَ
أَعۡبُدُ مُخۡلِصٗا لَّهُۥ دِينِي ۝١٤ فَٱعۡبُدُواْ مَا شِئۡتُم مِّن دُونِهِۦۗ قُلۡ إِنَّ
ٱلۡخَٰسِرِينَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَأَهۡلِيهِمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ أَلَا
ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡخُسۡرَانُ ٱلۡمُبِينُ ۝١٥

***پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ھېسابسىز بېرىلىدۇ»① [10]. ئېيتقىنكى، «مەن دىنىنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىپ، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم [11]. ھەمدە (بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم»② [12]. ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، شۈبھىسىزكى، (قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت) بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن» [13]. ئېيتقىنكى، «مەن دىنىمنى ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلىپ ئىبادەت قىلىمەن [14]. (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر ئاللاھنى قويۇپ خالىغىنىڭلارغا چوقۇنۇڭلار!» ئېيتقىنكى، «ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر. بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر [15].***

① شۇنىڭدەك ئىمان ۋە تەقۋادارلىق يولىدا قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈللۈكلەرگە دۇچار بولۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ يولدا نەپسىنىڭ خاھىشى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن كېچىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللارغا سەۋر قىلىش لازىم. شۇ ۋەجدىن بۇ يەردە سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىندى. ئۇلارغا سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇ قەدەر تولۇق ۋە مۇكەممەل مۇكاپات بېرىلىدۇكى، ئۇنى ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس، يەنى ئۇلارغا چەكسىز ۋە ھېسابسىز مۇكاپات بېرىلىدۇ. چۈنكى، ھېسابلىغىلى بولىدىغان نەرسە چەكلىك بولىدۇ، چەكسىز نەرسىنى ساناش ۋە ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ھەربىر مۇسۇلمان ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم بولغان سەۋرنىڭ كاتتا پەزىلىتىدۇر. شۇڭا سەۋرسىزلىك قىلىپ، ۋايساش ۋە قاقشاش بىلەن باشقا كەلگەن كۈلپەت كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ، بەلكى سەۋر قىلغانلىق بەدىلىگە ئېرىشىدىغان ئەجىر ۋە مەنپەئەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. سەۋرسىزلىكتىن كۈلپەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ياكى بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغانلارغا ھېسابسىز مۇكاپاتنى ۋەدە قىلغان تۇرسا، ئىنسان ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن نېمىشقا غەيرەت قىلمىسۇن؟

② مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋەلى بولۇشنىڭ مەنىسى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممىدىن ئاۋۋال ئاتا-بوۋىلارنىڭ دىنىغا خىلاپ ھالدا ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلغان ئىدى.

لَهُم مِّن فَوْقِهِمْ ظُلَلٌ مِّنَ ٱلنَّارِ وَمِن تَحْتِهِمْ ظُلَلٌ ۚ ذَٰلِكَ يُخَوِّفُ
ٱللَّهُ بِهِۦ عِبَادَهُۥ ۚ يَٰعِبَادِ فَٱتَّقُونِ ﴿١٦﴾ وَٱلَّذِينَ ٱجْتَنَبُوا۟ ٱلطَّٰغُوتَ أَن
يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ لَهُمُ ٱلْبُشْرَىٰ ۚ فَبَشِّرْ عِبَادِ ﴿١٧﴾ ٱلَّذِينَ
يَسْتَمِعُونَ ٱلْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ أَحْسَنَهُۥٓ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَىٰهُمُ ٱللَّهُ ۖ
وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمْ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿١٨﴾ أَفَمَنْ حَقَّ عَلَيْهِ كَلِمَةُ ٱلْعَذَابِ
أَفَأَنتَ تُنقِذُ مَن فِى ٱلنَّارِ ﴿١٩﴾

***ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ① ، ئاللاھ بەندىلىرىنى شۇ (ئازاب) بىلەن قورقىتىدۇ»② . ئى بەندىلىرىم! مەندىن قورقۇڭلار! [16]. تاغۇتقا (ساختا ئىلاھلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھقا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (بۇ دۇنيادا ھىدايەت، ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) سۆزگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا③ ئەگىشىدىغان بەندىلىرىمگە خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر④ [18 ـ 17]. (ئۆزىنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن) ئازاب ۋەدىسى تېگىشلىك بولغان ئادەم (چوقۇم دوزاختا كىرىدۇ)⑤ ، (ئى پەيغەمبەر!) سەن (ئاشۇنداق) دوزاختىكى ئادەمنى قۇتقۇزالامسەن؟⑥ [19].***

① ﴿ظُلَلٌ﴾ " ظُلَّةٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، سايە مەنىسىدە. ئۇ بۇ يەردە قاتمۇقات ئوتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن يەنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىمۇ قاتمۇقات ئوت بولىدۇ، ئوت ئۇلارنى ئوراپ ئالىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى ئەنە شۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئوپئوچۇق زىيان ۋە قاتمۇقات ئازاب» بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىنى، ئىتائەت يولىنى تاللاپ، يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىپ قالسۇن دەپ، ئاگاھلاندۇرىدۇ.

③ ﴿اَحْسَنَ﴾ «ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دېگەن ئەمەلنىڭ ئەۋزىلى، تولۇقى ۋە مۇكەممەلرەكى ياكى بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، كۆچلۈك ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان بۈيۈك ئىش، قىلىش ئەزىمەتلىك ھېسابلىنىدىغان، قىلماسلىققىمۇ رۇخسەت قىلىنغان ئىشنىڭ ئەزىمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنى ۋە جازالاشنىڭ ئورنىغا ئەپۇ قىلىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

④ چۈنكى ئۇلار ئەقلىدىن توغرا پايدىلانغانلاردۇر. باشقىلار بولسا، بېرىلگەن ئەقلىدىن پايدىلانمىغانلاردۇر.

⑤ يەنى ئۇ تەقدىرىدە ۋە ئاللاھنىڭ ئىلمى ئەزەلىيسىدە ئازابقا لايىق بولىدىغانلىقى ئېنىق بولغان، شۇنداقلا كۇفرىلىقتا، زۇلۇم قىلىشتا،

گۇناھ قىلىشتا ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشتا ئاخىرقى چەككە يەتكەن، ئۇنىڭدىن قايتىش مۇمكىن بولماي قالغان، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆمگەن، شۇنىڭ بىلەن دوزىخى بولغان ئادەمدۇر. مەسىلەن: ئەبۇ جەھىل ۋە ئاس ئىبنى ۋائىل قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

⑥ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەممە كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىپ دېيىلدىكى، سېنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىڭ ئۆز جايىدا توغرا ھەم ئورۇنلۇق، ئەمما تەقدىر-قىسمەتنى غالىپ كېلىپ، ئازاب ۋەدىسى تېگىشلىك بولغان دوزىخىينى ئازابتىن قۇتقۇزالامسەن؟ ياق، قۇتقۇزالمايسەن.

لَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ رَبَّهُمۡ لَهُمۡ غُرَفٞ مِّن فَوۡقِهَا غُرَفٞ مَّبۡنِيَّةٞ
تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ وَعۡدَ ٱللَّهِ لَا يُخۡلِفُ ٱللَّهُ ٱلۡمِيعَادَ ﴿٢٠﴾ أَلَمۡ
تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَسَلَكَهُۥ يَنَٰبِيعَ فِي ٱلۡأَرۡضِ ثُمَّ
يُخۡرِجُ بِهِۦ زَرۡعٗا مُّخۡتَلِفًا أَلۡوَٰنُهُۥ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَىٰهُ مُصۡفَرّٗا ثُمَّ
يَجۡعَلُهُۥ حُطَٰمًاۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَذِكۡرَىٰ لِأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٢١﴾

*ئەمما (دۇنيادا) رەببىدىن قورققانلار ئۈچۈن (جەننەتتە) قەۋەت - قەۋەت سېلىنغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي سارايلار بار①، (بۇ) ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ② [20]. (ئى پەيغەمبەر!) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ئاسماندىن سۇ چۈشۈرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقلارنى پەيدا قىلىدۇ③. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن رەڭگارەڭ زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ④، ئاندىن ئۇ (زىرائەتلەر) قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاندىن ئۇنى شاخ - شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ⑤، شەكسىزكى، بۇلاردا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر پەند - نەسىھەت بار⑥ [21].*

① دېمەك جەننەتتە يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىلەر بولىدۇ. خۇددى بۇ

دۇنيادا قەۋەت-قەۋەت بىنالار بولغاندەك، جەننەتتىمۇ دەرىجىلەر بويىچە قەۋەتمۇقەۋەت ئۈستى-ئۈستىگە سېلىنغان ئالىي بىنالار بولىدۇ. كىشىلەر دەرىجىلىرىگە ئاساسەن چوڭ-كىچىك ھەشەمەتلىك بىنالارغا ئىگە بولىدۇ. بۇ بىنالارنىڭ ئاستىدىن جەننەت ئەھلىنىڭ خاھىشى بويىچە سۈت، ھەسەل، سۇ ۋە شارابتىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ.

② يەنى ئاللاھنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە قىلغان ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ.

③ ﴿يَنَابِيعَ﴾ " يَنْبُوعٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قۇدۇق، بۇلاق مەنىسىدە. يەنى سۇ ئاسماندىن قار ۋە يامغۇر شەكلىدە چۈشىدۇ، ئاندىن زېمىنغا سىڭىپ كىرىدۇ، ئاندىن ئۇ سۇ بۇلاقلار ئارقىلىق يەر يۈزىگە چىقىدۇ، بۇلاقلاردىن چىققان سۇ كۆللەر ۋە دەريالارغا قۇيۇلىدۇ.

④ يەنى بىر خىل سۇ بىلەن شەكلى، تەمى، پۇرىقى ۋە پايدىلىرى خىلمۇخىل بولغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ.

⑤ زىرائەتلەر ياپ-يېشىل كۆركەم بولغاندىن كېيىن، سارغىيىدۇ ئاندىن قۇرۇپ كېتىدۇ. ئاندىن قۇرۇپ كەتكەن ياغاچ پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەندەك، قۇرۇق شاخ-شۇمبىغا ئايلىنىپ، پارچىلىنىپ تۈگەيدۇ.

⑥ يەنى ئەقىل ئىگىلىرى بۇنىڭدىن دۇنيانىڭمۇ شۇ زىرائەتكە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ، دۇنيامۇ تېزلا تۈگەيدۇ، پانىيلىقتا ۋە زاۋاللىقتا يۈزلىنىدۇ. دۇنيادىكى بۇ گۈزەل باغلار، زىرائەتلەر، ئىمارەتلەر، باياشات تۇرمۇش ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىقتۇر. ئىنسان بۇ نەرسىلەرگە كۆڭۈل بەرمەسلىكى لازىم. بەلكى، ئۆلۈمنىڭ تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇشى لازىمكى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇنىڭ ئاخىرى يوق، تۈگىمەستۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدىكى مىسال قۇرئان كەرىم بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنىڭ مىسالىدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئاسماندىن قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ دىللاردىكى قۇرئاننىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىدە گۈزەل ئەخلاق ۋە دىن شەكلىدە نامايەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ، بەزىلەتتە بەزىلىرى بەزىلىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەمما، قەلبىدە كېسەل بار كىشىلەر خۇددى زىرائەت قۇرۇپ كەتكەندەك قۇرۇپ كېتىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

أَفَمَن شَرَحَ ٱللَّهُ صَدۡرَهُۥ لِلۡإِسۡلَٰمِ فَهُوَ عَلَىٰ نُورٖ مِّن رَّبِّهِۦۚ فَوَيۡلٞ
لِّلۡقَٰسِيَةِ قُلُوبُهُم مِّن ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ﴿٢٢﴾ ٱللَّهُ
نَزَّلَ أَحۡسَنَ ٱلۡحَدِيثِ كِتَٰبٗا مُّتَشَٰبِهٗا مَّثَانِيَ تَقۡشَعِرُّ مِنۡهُ جُلُودُ
ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُمۡ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمۡ وَقُلُوبُهُمۡ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ
ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ
مِنۡ هَادٍ ﴿٢٣﴾

*ئاللاھ كۆڭلى - كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچقان ۋە بۇنىڭ سايىسىدا رەببىنىڭ نۇرى (ھىدايىتى) ئۈستىدە بولغان ئادەم (دىلى قېتىپ كەتكەن ئازغۇن ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟① ئاللاھنىڭ زىكرى (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈگەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئەنە شۇلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر [22]. ئاللاھ ئەڭ گۈزەل سۆز (قۇرئان)نى (ئايەتلىرى) بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان②، (مەزمۇنلىرى) تەكرارلىنىدىغان بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. (ئۇ تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) رەببىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى ئۇنىڭ (تەسىرى)دىن تىترەپ كېتىدۇ③، ئاندىن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە (يۇزلىنىپ) يۇمشايدۇ (ئارام تاپىدۇ)④. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇر. ئاللاھ شۇ (قۇرئان) بىلەن خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچبىر يول كۆرسەتكۈچى بولمايدۇ [23].*

① ئاللاھ تائالا ھەقنى قوبۇل قىلىشقا ۋە توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلىپ، كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچقانلىقى ئۈچۈن، رەببىنىڭ ھىدايەت نۇرى ئۈستىدە بولغان ئادەم دىلى تاشتەك قېتىپ كەتكەنلىكتىن ھىدايەتكە ئېچىلمىغان ۋە گۇمراھلىق قاراڭغۇلۇقىدا ئېزىقىپ يۈرگەن ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟

② ﴿أَحۡسَنَ ٱلۡحَدِيثِ﴾ «سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى، ئەڭ گۈزەل سۆز» دېگەندە قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «(ئايەتلىرى) بىر-بىرىگە

ئوخشىشىپ كېتىدىغان» دېگەننىڭ مەنىسى ئۇنىڭدىكى بارلىق سۆز- ئىبارىلەر مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇرلىقى ۋە توغرىلىقىدا، تەبىرلەش ئۇسلۇبلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە گۈزەللىكىدە، پاساھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، بۇ قۇرئانمۇ ئاللاھ نازىل قىلغان ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئوخشايدۇ. ﴿مَثَانِيَ﴾ ئۇنىڭدىكى قىسسىلەر، ۋەقەلەر، ۋەز-نەسىھەت ۋە ئەھكاملار تەكرار-تەكرار بايان قىلىنىدۇ.

③ چۈنكى، ئۇلار ئىتائەت قىلمىغانلارغا تەييارلانغان ئازاب ۋەدىلىرى، تەنبىھ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى چۈشىنىدۇ.

④ يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى، پەزلى-كەرىمىگە بولغان ئۈمىد ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغاندا، دىللىرى ۋە تەنلىرى يۇمشايدۇ، تەسكىن تاپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرىنىڭ سۈپىتىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى: ئاللاھتىن قورقۇپ، يۈرەكلىرى تىترەيدىغان، كۆزلىرىدىن ياش تۆكىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن كۆڭۈللىرى تەسكىن تاپىدىغان كىشىلەر، دەپ سۈپەتلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى: ئەقلىدىن ئادىشىدىغان، ھوشىدىن كېتىدىغان، ھېس- تۇيغۇلىرىنى يوقىتىدىغان كىشىلەر، دەپ سۈپەتلىمىدى. چۈنكى، بۇ خىل سۈپەتلەر پەقەت بىدئەتچىلەردە بولىدۇ. بىدئەتچىلىك شەيتان تەرىپىدىندۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: مۆئمىنلەر بۇ ھەقتە باشقىلاردىن تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بىرىنچىسى، مۆئمىنلەر تىلاۋەت قىلىنغان ئايەتلەرنى ئاڭلايدۇ، گۇناھكارلار ناخشا-مۇزىكا ئاڭلايدۇ. مەسىلەن: (بەزى بىدئەتچىلەر شېرىك ئەقىدىلەرگە تولغان قوشاق ۋە غەزەللەرنى ئاڭلايدۇ). ئىككىنچىسى، مۆئمىنلەرگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىنسا، مەنىسىنى چۈشىنىپ، ھېيىقىش، قورقۇش، ئۈمىد، مۇھەببەت، چۈشەنچە ۋە ئىلىم ئىلكىدە يىغلاپ تۇرۇپ سەجدە قىلىدۇ. كاپىرلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنسا، غوۋغا كۆتۈرۈپ، ئويۇن-كۈلكە بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، مۆئمىنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان ۋاقىتتا جىم تۇرۇپ، ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايدۇ. مانا بۇ ساھابە كىراملارنىڭ گۈزەل ئادىتى ئىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ كالامىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلاۋىتى ئارقىلىق ئاڭلىغاندا، بەدەنلىرى تىترەپ كېتەتتى، دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە يۇمشايتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

أَفَمَن يَتَّقِى بِوَجْهِهِۦ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ وَقِيلَ لِلظَّٰلِمِينَ
ذُوقُوا۟ مَا كُنتُمْ تَكْسِبُونَ ﴿٢٤﴾ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَأَتَىٰهُمُ
ٱلْعَذَابُ مِنْ حَيْثُ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٥﴾ فَأَذَاقَهُمُ ٱللَّهُ ٱلْخِزْىَ فِى ٱلْحَيَوٰةِ
ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَعَذَابُ ٱلْءَاخِرَةِ أَكْبَرُ ۚ لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ﴿٢٦﴾ وَلَقَدْ ضَرَبْنَا
لِلنَّاسِ فِى هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٍ لَّعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٧﴾ قُرْءَانًا
عَرَبِيًّا غَيْرَ ذِى عِوَجٍ لَّعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿٢٨﴾

***قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابنى يۈزى بىلەن مۇداپىئە قىلىشقا تىرىشىدىغان ئادەم (ئازابقا دۇچار بولمايدىغان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟) (ئۇ كۈندە) زالىملارغا (يەنى كاپىرلارغا): «قىلغان گۇناھلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)① [24]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلاردىن (يەنى قەۋمىڭدىن) ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كەلگەن ئىدى② [25]. ئاللاھ ئۇلارغا بۇ دۇنيادا خارلىقنى تېتىتتى. ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ چوڭدۇر③. ئەگەر ئۇلار (ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى) بىلسە ئىدى (ئەلۋەتتە ۋەز ـ نەسىھەت ئالغان بولاتتى) [26]. شەكسىزكى، بىز كىشىلەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق④ [27]. ئۇلارنى تەقۋادار بولسۇن دەپ، ھەرقانداق قىڭغىرلىقتىن (نۇقساندىن) خالىي بولغان، ئەرەبچە قۇرئاننى (نازىل قىلدۇق)⑤ [28].***

① يەنى مەزكۇر ئادەم، قىيامەت كۈنى قورقۇنچتىن يۈتۈنلەي ئەمىن بولغان ئادەمگە ئوخشاشمۇ؟ بۇ ئايەتتىكى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان ئىبارىنى كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇشۇنداق ئۇقۇم چىقىدۇ.

② ۋە ئۇلارنى بۇ ئازابتىن ھېچكىم قۇتقۇزالمىدى.

③ بۇ ئايەتتە مەككە مۇشرىكلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالدى. ئەمدى سىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ

ئۇلۇغى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر، سىلەرمۇ بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇشۇڭلار كېرەك.

④ يەنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل مىساللار بايان قىلدۇق. بۇنىڭدىن مەقسەت بۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ زېھنىدىن ئورۇن ئالسۇن ۋە ئۇلار نەسىھەت ئالسۇن ئۈچۈندۇر.

⑤ يەنى كىشىلەر قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن ساقلىنىپ، ۋەدە قىلىنغان مۇكاپاتلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەل قىلسۇن دەپ، ئۇنى ئوچۇق ئەرەب تىلىدا چۈشۈردۇق، ئۇنىڭدا ھېچ ئەگرىلىك، نۇقسان ۋە شەك-شۈبھە يوقتۇر.

ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا رَّجُلًا فِيهِ شُرَكَآءُ مُتَشَٰكِسُونَ وَرَجُلًا سَلَمًا لِّرَجُلٍ
هَلۡ يَسۡتَوِيَانِ مَثَلًاۚ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٢٩﴾ إِنَّكَ
مَيِّتٞ وَإِنَّهُم مَّيِّتُونَ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ إِنَّكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عِندَ رَبِّكُمۡ
تَخۡتَصِمُونَ ﴿٣١﴾

*ئاللاھ (سىلەرگە مۇنداق) بىر مىسال كەلتۈردى: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭ بىر-بىرى بىلەن (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن شېرىك خوجايىنلىرى بار (ئۇنى بىرى بىر ئىشقا، يەنە بىرى باشقا بىر ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ)، يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇ بىرلا خوجايىنى بار، بۇ ئىككىسىنىڭ ھالى ئوخشاش بولامدۇ؟① (ياق، ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ). جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر!② ئەمما كىشىلەرنىڭ تولىسى (ھەقىقەتنى) بىلمەيدۇ③ [29]. (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن ۋاپات بولىسەن، ئۇلارمۇ چوقۇم ئۆلىدۇ [30]. (ئى ئىنسانلار!) شۇنىڭدىن كېيىن سىلەر چوقۇم قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىدا بىر-بىرىڭلار بىلەن دەۋالىشىسىلەر④ [31].*

① بۇ ئايەتتە (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان) مۇشرىك بىلەن (پەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان) مۇخلىس مۇئمىنىنىڭ مىسالى بايان

قىلىندى. يەنى بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قانچە خوجايىنى بار، خوجايىنلار ئىگىدارچىلىقتا شېرىك بولغانلىقتىن، بۇ قۇلنى ئىشقا سېلىشتا ئۆزئارا جېدەللىشىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا خوجايىنى بار، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ھېچكىمنىڭ شېرىكچىلىكى يوق، بۇ ئىككى قۇل باراۋەر بولامدۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە باراۋەر بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھقا باشقا مەبۇدلارنىمۇ شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان مۇشرىك بىلەن بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايدىغان مۇخلىس مۇئمىن باراۋەر بولمايدۇ.

② بۇ مىساللار بىلەن كىشىلەرگە پاكىت تۇرغۇزغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن.

③ شۇ ۋەجىدىن يەنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدۇ.

④ يەنى ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ ۋە ساڭا قارشى تۇرغانلارمۇ چوقۇم ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچىدۇ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ، ئاخىرەتتە بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كېلىدۇ. دۇنيادا سىلەردىن كىمنىڭ تەۋھىد ئۈستىدە، كىمنىڭ شېرىك ئۈستىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلمىغان ئىدى، سىلەر ئۇ ھەقتە دەتالاش قىلىپ تۇراتتىڭلار، ئاخىرەتتە مەن بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىمەن. تەۋھىدچى مۇخلىس مۇئمىنلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن، ئىنكارچى، مۇشرىك، پەيغەمبەرلەرنى يالغانچىغا چىقارغان كاپىرلارنى دوزاخقا تاشلايمەن. بۇ ئايەتتىن يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. سۈرە ئال ئىمران 144-ئايەتتىمۇ ئۇنىڭ ۋاپات بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ئىدى. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ راستتىنلا ۋاپات بولغانلىقىغا باشقىلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئايەتلەرنى دەلىل قىلغان ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەمى بەرزەختە خۇددى دۇنيادىكىگە ئوخشاش ھالەتتە ياشايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش خاتا ۋە قۇرئاننىڭ ئايىتىگە خىلاپتۇر. توغرا ئېتىقاد شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ۋاپات بولغان، شۇڭا ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش دەپنە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئالەمى بەرزەختە ئىكەنلىكى شەكسىز، ئەمما قايسى ھالەتتە ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭغا قەبرىدە قايتا دۇنيا ھاياتى ئاتا قىلىنمىغان. ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى بولسۇن.

۞ فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَذَبَ عَلَى ٱللَّهِ وَكَذَّبَ بِٱلصِّدْقِ إِذْ جَآءَهُۥٓ
أَلَيْسَ فِى جَهَنَّمَ مَثْوًى لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾ وَٱلَّذِى جَآءَ بِٱلصِّدْقِ وَصَدَّقَ
بِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُتَّقُونَ ﴿٣٣﴾ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ عِندَ رَبِّهِمْ ۚ ذَٰلِكَ
جَزَآءُ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٣٤﴾ لِيُكَفِّرَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ أَسْوَأَ ٱلَّذِى عَمِلُوا۟
وَيَجْزِيَهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ ٱلَّذِى كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٣٥﴾

***ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان①، ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) كەلگەن ھەق دىننى② ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ (ئۇنداق) كاپىرلارغا جەھەننەمدە ئورۇن يوقمۇ؟ [32]. ھەق دىننى ئېلىپ كەلگەن كىشى③ ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر④ — ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر [33]. ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان نېمەتلەر بار⑤. مانا بۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ ئۆچۈرۈۋېتىشىنى ۋە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلىشىنى كۆزلەپ (تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر⑥ [34 ـ 35].***

① يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار ياكى شېرىكى بار ياكى خوتۇنى بار دەپ ئاللاھقا بوھتان چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ۋەھالەنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن پاك ۋە يۈكسەكتۇر.

② بۇ دىندا ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، هارامدىن ساقلىنىش، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى، پەرز ـ ۋاجىب ئەھكاملىرى، مۇئمىنلەرگە بېشارەت، كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بار. بۇ بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىن ۋە شەرىئەتتۇر، بۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟

③ بۇ يەردىكى ﴿ھەق دىننى ئېلىپ كەلگەن كىشى﴾ ھەق دىننى ئېلىپ كەلگەن ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى

كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ سۆز ئومۇمىي مەنىدە بولۇپ، تەۋھىدكە دەۋەت قىلىدىغان، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ شېرىئىتىگە باشلايدىغان ھەرقانداق بىر كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

④ بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر﴾ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىرىنچى بولۇپ تەستىقلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنىمۇ ئومۇمىي مەنىدە ئېلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنى تەستىقلىغان بارلىق مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

⑤ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، دەرىجىلىرىنى ئۈستۈن قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالادىن كۈتىدىغان ئارزۇسىدۇر. دېمەك، ئىنسان جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن ئارزۇ قىلغان ھەممە نەرسىگە ئېرىشىدۇ.

⑥ ﴿مُحۡسِنِينَ﴾نىڭ بىر قانچە مەنىسى بار. بىرىنچىسى، ياخشى ئەمەلنى (يەنى تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلار. ئىككىنچىسى، ئاللاھقا سەمىمىيلىك بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىلار. بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان " إِحۡسَانٌ"نىڭ مەنىسىدە ئىپادىلىنىدۇ: سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلغىن، ئەگەر ئۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالمىساڭ، ئاللاھنىڭ سېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى زېھنىڭدە ئېنىق بولسۇن. ئۈچىنچىسى، كىشىلەرگە ئەدەپ-ئېھتىرام بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلار. تۆتىنچى، ھەر قانداق ياخشى ئەمەلنى ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرۇپ، كەمتەرلىك بىلەن، سۈننەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە قىلىدىغانلار، سانغا ئەمەس، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلار.

أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِكَافٍ عَبۡدَهُۥۖ وَيُخَوِّفُونَكَ بِٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦۚ وَمَن
يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٖ ٣٦ وَمَن يَهۡدِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن مُّضِلٍّۗ
أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِعَزِيزٖ ذِي ٱنتِقَامٖ ٣٧ وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّنۡ خَلَقَ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۚ قُلۡ أَفَرَءَيۡتُم مَّا تَدۡعُونَ مِن دُونِ
ٱللَّهِ إِنۡ أَرَادَنِيَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ هَلۡ هُنَّ كَٰشِفَٰتُ ضُرِّهِۦٓ أَوۡ أَرَادَنِي بِرَحۡمَةٍ

هَلۡ هُنَّ مُمۡسِكَٰتُ رَحۡمَتِهِۦۚ

*ئاللاھ بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟① (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سېنى ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلار بىلەن قورقۇتىدۇ، ئاللاھ ئازغۇن قىلغان ئادەمنى ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ② [36]. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچبىر ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ③، ئاللاھ غالىب، (دۈشمەنلىرىدىن) ئىنتىقام ئالغۇچى ئەمەسمۇ؟④ [37]. ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، «ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ياكى ئاللاھ ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ كۈچى يېتەمدۇ؟»⑤*

① بۇ يەردىكى «بەندە» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئۇ ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولۇپ، بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە مۆئمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، ئۇلار سېنى ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەر بىلەن قورقۇتىدۇ. لېكىن، ئاللاھ تائالا ساڭا ھىمايىچى ۋە نۇسرەت بەرگۈچى بولغان ئىكەن، ساڭا ھېچكىم زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى ئاللاھ ساڭا يېتەرلىكتۇر.

② ئاللاھ گۇمراھلىقتىن چىقىرىپ ھىدايەت يولىغا سالغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ.

③ ئاللاھ ھىدايەتتىن چىقىرىپ گۇمراھلىق يولىغا سالغان ئادەمنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. دېمەك، ھىدايەت ۋە گۇمراھلىق يولىغا سېلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئۇ خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ.

④ ئەلۋەتتە ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر. چۈنكى، ئەگەر بۇ كىشىلەر

كۇفۇرلۇقتىن ۋە تەرسالىقتىن باش تارتمىسا، شەكسىزكى ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ، ئۇلارنى ئىبرەتلىك ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدۇ.

⑤ بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر سوئالنى كاپىرلاردىن سورىغاندا، ئۇلار: ئۇ مەبۇدلار ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئەمما بىزنى شاپائەت قىلىدۇ، دېدى. شۇ چاغدا بۇ ئايەتنىڭ ﴿ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر﴾ دېگەن قىسمى نازىل بولدى.

قُلْ حَسْبِيَ ٱللَّهُ ۖ عَلَيْهِ يَتَوَكَّلُ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿٣٨﴾ قُلْ يَٰقَوْمِ ٱعْمَلُوا۟ عَلَىٰ
مَكَانَتِكُمْ إِنِّى عَٰمِلٌ ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿٣٩﴾ مَن يَأْتِيهِ عَذَابٌ يُخْزِيهِ
وَيَحِلُّ عَلَيْهِ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٤٠﴾ إِنَّآ أَنزَلْنَا عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ لِلنَّاسِ
بِٱلْحَقِّ ۖ فَمَنِ ٱهْتَدَىٰ فَلِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۖ
وَمَآ أَنتَ عَلَيْهِم بِوَكِيلٍ ﴿٤١﴾

*ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، تايانغۇچىلار ئاللاھقا (ئىشەنچ بىلەن) تايىنىدۇ»① [38]. ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىڭلار، مەنمۇ ئۆز يولۇم بويىچە ئىش قىلغۇچىمەن②. سىلەر رەسۋا قىلغۇچى ئازابنىڭ كىمگە كېلىدىغانلىقىنى③، مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر»④ [40 ـ 39]. (ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن بىز ساڭا بۇ كىتابنى ئىنسانلار (نى توغرا يولغا باشلاش) ئۈچۈن ھېكمەت بىلەن نازىل قىلدۇق، كىمكى (ئۇنىڭ بىلەن) ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ، سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا زورلاشقا بۇيرۇلغان ئەمەسسەن)⑤ [41].*

① ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ۋە ئۇنىڭ ئىختىيارى بىلەن

بولىدىغان تۇرسا، باشقىلارغا تايىنىشتىن نېمە پايدا؟ شۇڭا ئۇچۇن مۇئمىنلەر پەقەت ئاللاھقىلا تايىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە تايانمايدۇ.

② يەنى ئاللاھ تائالا مېنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن سىلەرگە ئەۋەتكەن، ئەگەر سىلەر مېنىڭ بۇ تەۋھىد دەۋىتىمنى قوبۇل قىلمىساڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارى، سىلەر ئۆز ھالىتىڭلاردا تۇرۇۋېرىڭلار، مەنمۇ ئاللاھ مېنى بەلگىلىگەن ھەقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋېرىمەن.

③ ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ ھەق يول ئۈستىدە ئىكەنلىكى ۋە كىمنىڭ باتىل يولدا ئىكەنلىكى سىلەرگە ئايان بولىدۇ. بۇ يەردىكى «رەسۋا قىلغۇچى ئازاب» بەدرى غازىتىدا كاپىرلار دۇچار بولغان دۇنيادىكى ئازابنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا كاپىرلاردىن يەتمىش ئادەم ئۆلگەن ۋە يەتمىش ئادەم ئەسىر ئېلىنغان ئىدى. ئاخىرى مەككە فەتھى بولۇپ، مۇسۇلمانلار تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن كاپىرلار خار ۋە زەبۇنلۇقتا باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

④ بۇ يەردىكى «مەڭگۈلۈك ئازاب» كاپىرلار دۇچار بولىدىغان دائىملىق دوزاخ ئازابىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككە ئەھلىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى. بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلدى. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت بىز ساڭا نازىل قىلغان كىتابنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا سەن مەسئۇل ئەمەس. ئەگەر ئۇلار ھىدايەت يولىنى تاللىسا، ئۇنىڭ پايدىسى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. ﴿وَكِيلٍ﴾نىڭ مەنىسى ۋەزىپىگە بەلگىلەنگەن مەسئۇل، جاۋابكار. يەنى سەن ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا كىرگۈزۈشكە مەسئۇل ئەمەس. كېيىنكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى بىلەن كائىناتنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى ھەتتا تەنلەردىكى جانلارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ ھەر كۈنى ئىنسان كۆرۈپ ۋە ھېس قىلىپ تۇرىدىغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: ئىنسان ئۇخلىغان چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئويغانغان چاغدا جان ئۇنىڭ بەدىنىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەجىلى توشقان بولسا، جان ئۇنىڭ بەدىنىگە قايتۇرۇلمايدۇ،

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلگەن بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇنى بەزى مۇپەسسىرلەر چوڭ ئۆلۈم، ئۇيقۇنى بولسا كىچىك ئۆلۈم دەپ ئاتايدۇ.

ٱللَّهُ يَتَوَفَّى ٱلۡأَنفُسَ حِينَ مَوۡتِهَا وَٱلَّتِي لَمۡ تَمُتۡ فِي مَنَامِهَاۖ
فَيُمۡسِكُ ٱلَّتِي قَضَىٰ عَلَيۡهَا ٱلۡمَوۡتَ وَيُرۡسِلُ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ
مُّسَمًّىۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ٤٢ أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ
ٱللَّهِ شُفَعَآءَۚ قُلۡ أَوَلَوۡ كَانُواْ لَا يَمۡلِكُونَ شَيۡـٔٗا وَلَا يَعۡقِلُونَ ٤٣ قُل
لِّلَّهِ ٱلشَّفَٰعَةُ جَمِيعٗاۖ لَّهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ ثُمَّ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ٤٤

***ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ① ، ئەجىلى توشمىغانلارنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغدا ئالىدۇ② . ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى ئەجىلى توشقانلار) نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قالىدۇ③ ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى توشقۇچە) قويۇپ بېرىدۇ④ ، شەكسىزكى، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار⑤ [42]. مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، (باشقىلارنى) شاپائەتچى قىلىۋالدىمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئۇلار (يەنى شاپائەتچى قىلىنغانلار) ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان ۋە ھېچ نەرسىنى سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ (يەنە ئۇلارنى شاپائەتچى قىلىۋالامسىلەر؟)⑥ [43]. ئېيتقىنكى، «شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر (ھېچكىم ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ)⑦ ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاندىن سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» [44].***

① بۇ چوڭ ئۆلۈم بولۇپ، ئۇنىڭدا جان تۇتۇپ قېلىنىدۇ، قايتىپ كەلمەيدۇ.

② يەنى ئەجىلى تېخى توشمىغانلارنىڭ جانلىرىمۇ ئۇخلىغان ۋاقىتتا ئېلىنىپ، كىچىك ئۆلۈمگە دۇچار قىلىنىدۇ.

③ بۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چوڭ ئۆلۈم بولۇپ، ئۇنىڭدا روھ تۇتۇپ قىلىنىدۇ.

④ يەنى ئۆلارغا بەلگىلەنگەن مۇددەت توشمىغۇچە يەنى ئەجىلى توشمىغۇچە جانلىرى تەنلىرىگە قايتۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇ كىچىك ئۆلۈم دېيىلىدۇ. بۇ مەزمۇن سۈرە ئەنئام 60-، 61-ئايەتلەردە بايان قىلىنغان. ئۇ يەردە كىچىك ئۆلۈم ئىلگىرى، چوڭ ئۆلۈم كېيىن تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان.

⑤ يەنى جاننى ئېلىش، تۇتۇپ قىلىش، قويۇپ بېرىش، ۋاپات قىلدۇرۇش، تىرىلدۇرۇش ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت دائىرىسىدىكى ئىشلاردۇر. بۇ ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. قىيامەت كۈنى بارلىق ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۇرىدىغانلىقىمۇ شەكسىزدۇر.

⑥ ئۇلار تۇتقان شاپائەتچىلەر ئاڭسىز نەرسىلەردۇر. ئۇ نەرسىلەر شاپائەتنىڭ مەنىسى ۋە قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار شاپائەت تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئارزۇلىرىدىن خەۋەرسىز تاش- تۇپراقلاردۇر.

⑦ يەنى شاپائەتنىڭ بارلىق تۈرلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئۇنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىزنى بولماي تۇرۇپ، ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلار پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلسا بولمامدۇ؟ ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ ۋە ئۇلارغا شاپائەتچى ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ بولمايدۇ.

وَإِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَحۡدَهُ ٱشۡمَأَزَّتۡ قُلُوبُ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِۖ
وَإِذَا ذُكِرَ ٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦٓ إِذَا هُمۡ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿٤٥﴾ قُلِ ٱللَّهُمَّ
فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ عَٰلِمَ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ أَنتَ تَحۡكُمُ بَيۡنَ
عِبَادِكَ فِي مَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿٤٦﴾ وَلَوۡ أَنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ مَا فِي
ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا وَمِثۡلَهُۥ مَعَهُۥ لَٱفۡتَدَوۡاْ بِهِۦ مِن سُوٓءِ ٱلۡعَذَابِ يَوۡمَ
ٱلۡقِيَٰمَةِۚ

***ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ②. ئاللاھتىن باشقىلىرى تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار يايراپ كېتىدۇ② [45]. ئېيتقىنكى، «ئى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھ! بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە پەقەت سەن ھۆكۈم چىقىرىسەن»③ [46]. ئەگەر يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كۆپ نەرسە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇنى قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە فىدىيە قىلىپ بېرىۋەتكەن بولاتتى④.***

① كۇفۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقتىن سىقىلىش ۋە بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. دېمەك، ئەگەر مۇشرىكلارغا: ئاللاھ پەقەت بىردۇر، دېيىلسە، بۇنى ئېتىراپ قىلىشقا ئۇلارنىڭ دىللىرى ئۇنىمايدۇ.

② ئەگەر مۇشرىكلارغا پالانى بۇتمۇ مەبۇد ياكى ئۇمۇ ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىسى، ئۇنىڭمۇ ئازراق ئىقتىدارى بار، ئۇمۇ مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلىپ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلالايدۇ، دېيىلسە، ئۇلار ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. بۈگۈنكى، ھەقتىن چەتنەپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئۇلارغا پەقەت «يا ئاللاھ! مەدەت بەرگىن» دەڭلار، چۈنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم مەدەت بېرىشكە قادىر ئەمەس، دېيىلسە، دەرغەزەپ بولۇپ كېتىدۇ. بۇ جۈملە ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. ئەمما «يا ئەلى! مەدەت مەدەت بەرگىن»، «يا رەسۇلۇللاھ! مەدەت بەرگىن» دېگەندەك ئىبارىلەر، شۇنىڭدەك ئۆلۈكلەردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەش ئىپادىلىرى. مەسىلەن: «يا شەيخ ئابدۇلقادىر جىلانى! ئۆزۈڭ بىر مەدەت قىلغايسەن»، «يا پىرىم» دېگەندەك مۇشرىكانە ئىبارىلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ دىللىرى خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ﴾ (سۈرە بەقەرە 118-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

③ ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تەھەججۇد نامىزىنى باشلىغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «ئى جىبرىئىل، مىكائىل ۋە ئىسراپىلنىڭ رەببى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى،

يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھ! سەن بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن. ئىزنىڭ بىلەن ئىختىلاپتىن ھەقىقەتكە مېنى ھىدايەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن سەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىسەن» (سەھىھ مۇسلىم 770-ھەدىس)

④ بىراق ئۇ كۈندە فىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ كۇفرى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾ . (سۈرە ئال ئىمران 91-ئايەت) شۇنىڭ ئۈچۈن سۈرە بەقەرە 48-ئايەتتە ﴿ئۇ يەردە تۆلەم قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾ دېيىلدى.

وَبَدَا لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مَا لَمۡ يَكُونُواْ يَحۡتَسِبُونَ ﴿٤٧﴾ وَبَدَا لَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ
مَا كَسَبُواْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٤٨﴾ فَإِذَا مَسَّ
ٱلۡإِنسَٰنَ ضُرّٞ دَعَانَا ثُمَّ إِذَا خَوَّلۡنَٰهُ نِعۡمَةٗ مِّنَّا قَالَ إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ
عَلَىٰ عِلۡمِۭۚ بَلۡ هِيَ فِتۡنَةٞ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٤٩﴾ قَدۡ قَالَهَا
ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَمَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٥٠﴾
فَأَصَابَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُواْۚ وَٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡ هَٰٓؤُلَآءِ سَيُصِيبُهُمۡ
سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُواْ

***(ئۇ كۈندە) ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا ئۆزلىرى (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ئويلاپ باقمىغان ئىشلار (ئازابلار) ئاشكارا بولىدۇ① [47]. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ (دۇنيادا) قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ② ۋە ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ③ [48]. ئىنسانغا بىرەر كۆلپەت يەتسە، بىزگە دۇئا قىلىپ (ئىلتىجا قىلىدۇ)④، ئاندىن ئۇنىڭغا دەرگاھىمىزدىن بىرەر نېمەت ئاتا قىلساق، ئۇ: «بۇ (نېمەت) ماڭا پەقەت ئۆز ئىلمىمدىن (يەنى پەزلىمدىن، ئەمگىكىمدىن، تىرىشچانلىقىمدىن، رىزىق تېپىشنىڭ***

*يوللىرىنى بىلگەنلىكىمدىن) كەلدى» دەيدۇ⑤. (ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس) بەلكى ئۇ بىر سىناقتۇر (يەنى نېمەت ئاتا قىلىش بىلەن، ئۇنى ئىتائەت قىلامدۇ؟ ئاسىيلىق قىلامدۇ؟ دەپ سىنايمىز)⑥. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ⑦ [49]. مۇنداق سۆزنى ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ قىلغان، ئۇلارنىڭ (دۇنيالىقتىن) ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى⑧ [50]. ئۇلار قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى⑨. بۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭ) ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغانلارمۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ،*

① يەنى ئۇلار خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ھەر تۈرلۈك ۋە شىددەتلىك ئازاب ئاشكارا بولىدۇ.

② يەنى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ۋاقىتتا سادىر قىلغان جىنايەت ۋە گۇناھلىرىنىڭ جازاسى ئاشكارا بولىدۇ.

③ ئۇلار دۇنيادىكى چاغدا مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارىغان، شۇنىڭغا ئاساسەن مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ.

④ بۇ يەردىكى ئىنسان تۈرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن يەنى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى شۇنداقكى، ئۇلارغا كېسەللىك، نامراتلىق، موھتاجلىق ياكى بىرەر كۆلپەت يەتسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا زارلىنىپ ئىلتىجا قىلىدۇ، تەۋبە قىلغانلىقىنى ۋە ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

⑤ ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلسا، ئاسىيلىق قىلىپ، ھەددىدىن ئاشىدۇ ۋە دەيدۇكى، بۇ نېمەتنى ماڭا ئاللاھ بەرمىدى، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئەقىللىقلىقىمدىن كەلدى ياكى بۇ مال-مۈلۈكنى ئۆز ئىلمىم، ھۈنىرىم ۋە ئىقتىدارىمغا تايىنىپ تاپتىم ياكى دۇنيادا بۇ نېمەتلەرنىڭ ماڭا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى، مېنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋەم ناھايىتى ئۈستۈن.

⑥ يەنى ئىش سەن ئويلىغاندەك ياكى سەن چۈشەنگەندەك ئەمەس، بەلكى بۇ نېمەتلەر ساڭا سىناق ئۈچۈن بېرىلگەن، شۈكۈر قىلامسەن ياكى كۇفۇرلۇق قىلامسەن، بۇ ھەقتە سەندىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ.

⑦ يەنى بۇنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن تەدرىجىي جازالاش ياكى سىناق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

⑧ قارۇنمۇ شۇنداق دېگەن ئىدى، لېكىن ئاخىرى ئۇنى بارلىق خەزىنىلىرى بىلەن يەر يۇتتى. ﴿مَا اَغْنٰى﴾دىكى «ما» مەنپىينى ئىپادىلەپ كەلگەن دەپ ئالغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن مال - مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ئەسقاتمىدى» دېگەن بولىدۇ. «ما»نى سوراق بەلگىسى بولۇپ كەلگەن دەپ ئالغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن مال - مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ئەسقاتتىمۇ؟» دېگەن بولىدۇ. ھەر ئىككى مەنە توغرا ھېسابلىنىدۇ.

⑨ ﴿سَيِّاٰتُ مَا كَسَبُوْا﴾ «قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ» دېگەندە ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنىڭ جازاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئۇلارغا يامانلىق يەتتى، بۇ يامانلىق ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشىنىڭ جازاسى ئىدى. بۇ يەردە «يامانلىققا يامانلىق» دېگەندەك ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ئېتىبارى بىلەن جازا «يامانلىق» دەپ ئاتالدى، بولمىسا، ﴿وَجَزٰٓؤُا سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِّثْلُهَا﴾ «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)». (سۈرە شۇرا 40-ئايەت) دېگەندەك يامانلىقنىڭ جازاسى يامانلىق بولمايدۇ، بەلكى شۇنىڭغا لايىق جازاسى، ئىنتىقامى ۋە بەدىلى بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) يەنى بىر يامانلىققا بىر جازا بېرىلىدۇ.

وَمَا هُم بِمُعْجِزِينَ ﴿٥١﴾ أَوَلَمْ يَعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن
يَشَآءُ وَيَقْدِرُ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٢﴾ ۞ قُلْ يَٰعِبَادِىَ
ٱلَّذِينَ أَسْرَفُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُواْ مِن رَّحْمَةِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَغْفِرُ
ٱلذُّنُوبَ جَمِيعًا ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥٣﴾

***ئۇلار ئازابىمىزدىن قۇتۇلالمايدۇ① [51]. ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئاللاھ (سىناش يۈزىسىدىن) خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، شەك - شۈبھىسىزكى،***

*بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار② [52].*
*(ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ)*
*ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن*
*ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ)*
*بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى*
*مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر③ [53].*

① بۇ مەككە كاپىرلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ھەقىقەتتە شۇنداق بولدى. ئۇلار مۇ ئىلگىرىكى قەۋملەرگە ئوخشاش قەھەتچىلىك، ئۇرۇش ئوتى ۋە ئاسارەت قاتارلىقلارغا دۇچار بولدى. ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بۇ ئازابلارنى ئۇلار توسۇپ قالالمىدى.

② يەنى رىزىقنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشىدىمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا نۇرغۇن دەلىللەر بار. يەنى بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، كائىناتتا پەقەت ئۇنىڭ ھۆكمى يۈرگۈزۈلىدۇ. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا، ھەممە ئىش پەقەت ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ پىلان-تەدبىرى بىلەن ماڭىدۇ. شۇڭا، ئۇ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى نامراتلىق ۋە موھتاجلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردا چىقارغان قارارى ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا نە ئارىلىشالمايدۇ، نە ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇ ئىبرەتلەر ۋە دەلىل - پاكىتلاردىن پەقەت مۇئمىنلەر ئوبدان ساۋاق ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈپ، پايدا ئالىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ.

③ بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىنىڭ كەڭلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ﴿أَسۡرَفُوا۟﴾نىڭ مەنىسى گۇناھلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇنىڭدا ئەزۋەيلەپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار﴾ دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، ئىنسان ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ياكى تەۋبە قىلىش ئىستىكى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، قانچىلىك گۇناھ قىلغان بولسا بولسۇن، مەن ناھايىتى كۆپ گۇناھ قىلغان ئادەممەن، ئاللاھ تائالا مېنى ئەپۇ قىلمايدۇ، دېگەن خىيالدا بولمىسۇن، بەلكى سەمىمىيلىك بىلەن ئىمان ئېيتسۇن ياكى تەۋبە قىلسۇن، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت

قىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە كەلگەن بىر ھەدىستىنمۇ مۇشۇنداق ئۇقۇم چىقىدۇ. مۇشرىكلار ئىچىدە جىنايى قىلمىشلانى كۆپ سادىر قىلغان كىشىلەر بار ئىدى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: سەن دەۋەت قىلغان دىن ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، بىز كۆپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەملەر، ئەگەر بىز ئىمان ئېيتساق، قىلغان گۇناھلىرىمىز كەچۈرۈم قىلىنامدۇ؟ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4810 - ھەدىس) بۇنىڭ مەنىسى كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە تايىنىۋېلىپ تازا گۇناھ قىلسۇن، پەرز-ئەھكاملارنى ئادا قىلمىسۇن، قانۇن-نىزام ۋە ئەخلاقىي قىممەتلەرنى پايمال قىلسۇن، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ، ئۇنىڭ مەغپىرىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش خام-خىيال ۋە تولىمۇ نادانلىق بولىدۇ. خۇددى تىكەن تېرىپ، مېۋە ئالىمەن دېگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق خام-خىيال قىلىدىغان كىشىلەر بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان بەندىلىرىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىمدىل زات بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بويسۇنمىغانلاردىن ئىنتىقام ئالغۇچى، ھەقىقەتەن غالىبتۇر. قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە سۈرىلەردە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئازابى بىرلىكتە بايان قىلىنىدى. مەسىلەن: ﴿مېنىڭ (مۇئمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن [49]. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾. (سۈرە ھىجر 49-، 50-ئايەتلەر). شۇ ۋەجىدىن يۇقىرىدىكى ئايەت ﴿يٰعِبَادِىَ﴾ ﴿ئى بەندىلىرىم﴾ دېگەن ئىبارە بىلەن باشلاندى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، كىمكى ئىمان ئېيتىپ ياكى سەمىمىي تەۋبە قىلىپ، ھەقىقىي مۇئمىن بولسا، گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەت بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. مەسىلەن: ھەدىستە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقە بايان قىلىنغان. تەپسىلاتى سەھىھۇل بۇخارى 3470 -ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2766 -ھەدىستە بار.

وَأَنِيبُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ وَأَسۡلِمُواْ لَهُۥ مِن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلۡعَذَابُ ثُمَّ لَا تُنصَرُونَ ۝٥٤ وَٱتَّبِعُوٓاْ أَحۡسَنَ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُم مِّن

قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلۡعَذَابُ بَغۡتَةً وَأَنتُمۡ لَا تَشۡعُرُونَ ﴿٥٥﴾ أَن تَقُولَ
نَفۡسٞ يَٰحَسۡرَتَىٰ عَلَىٰ مَا فَرَّطتُ فِي جَنۢبِ ٱللَّهِ وَإِن كُنتُ لَمِنَ
ٱلسَّٰخِرِينَ ﴿٥٦﴾ أَوۡ تَقُولَ لَوۡ أَنَّ ٱللَّهَ هَدَىٰنِي لَكُنتُ مِنَ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٥٧﴾

***سىلەرگە ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلار تەرەپكە يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. (سىلەر ئازاب كەلگەندىن) كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر [54]. سىلەر غەپلەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارغا نازىل قىلىنغان (كىتابلارنىڭ) ئەڭ گۈزىلىگە (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار»① [55]. ھەر قانداق ئادەم: «ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت!② مەن راستتىنلا (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن بولغان ئىكەنمەن» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن [56]. ياكى «ئاللاھ مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، (مەنمۇ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولغان بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن③ [57].***

① يەنى ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، چۈنكى، ئازاب سىلەر بىلمەيدىغان يەردىن، سىلەر سەزمىگەن ۋاقىتتا تۇيۇقسىز كېلىدۇ. بۇنىڭدىن دۇنيادىكى ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② ﴿فِي جَنۢبِ اللهِ﴾نىڭ مەنىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمغا، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتا ۋە قۇرئانغا ئەمەل قىلىشتا سۇسلۇق قىلغانلىقىمغا ھەسرەت! دېگەن بولىدۇ ياكى ﴿جَنۢب﴾نىڭ مەنىسىنى يېقىنلىشىش، يېقىنلىق ھاسىل قىلىش دەپ ئالغاندا، ئاللاھقا يېقىنلىشىش (جەننەتكە ئېرىشىش) يولىدا كەتكۈزۈپ قويغان ۋە سۇسلۇق قىلغانلىقىمغا ھەسرەت! دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

③ يەنى ئەگەر ئاللاھ مېنى ھىدايەت يولىغا باشلىغان بولسا، ئەلۋەتتە شېرىك ۋە گۇناھلاردىن ساقلانغۇچىلاردىن بولاتتىم. بۇ خۇددى يەنە بىر ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ﴿ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق﴾. (سۈرە ئەنئام 148 ـ ئايەت) دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. بۇ باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق گەپتۇر.

(فەتھۇلقەدىر)

أَوۡ تَقُولَ حِينَ تَرَى ٱلۡعَذَابَ لَوۡ أَنَّ لِي كَرَّةً فَأَكُونَ مِنَ
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ۝٥٨ بَلَىٰ قَدۡ جَآءَتۡكَ ءَايَٰتِي فَكَذَّبۡتَ بِهَا وَٱسۡتَكۡبَرۡتَ
وَكُنتَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ۝٥٩ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ تَرَى ٱلَّذِينَ كَذَبُواْ عَلَى
ٱللَّهِ وُجُوهُهُم مُّسۡوَدَّةٌۚ أَلَيۡسَ فِي جَهَنَّمَ مَثۡوًى لِّلۡمُتَكَبِّرِينَ ۝٦٠
وَيُنَجِّي ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ بِمَفَازَتِهِمۡ لَا يَمَسُّهُمُ ٱلسُّوٓءُ وَلَا هُمۡ
يَحۡزَنُونَ ۝٦١ ٱللَّهُ خَٰلِقُ كُلِّ شَيۡءٖۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ وَكِيلٌ ۝٦٢

*ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى (دۇنياغا) قايتىشىمغا مۇمكىن بولسا ئىدى، مەنمۇ (ئىمان ئېيتقان ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلاردىن بولغان بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (كىتابلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىڭلار) [58]. (ئاللاھ ئۇ ئادەمگە) «دېگەنلىرىڭ توغرا ئەمەس. ھەقىقەتەن ساڭا مېنىڭ ئايەتلىرىم (يەنى ھىدايەتكە سەۋەب بولىدىغان قۇرئان) كەلگەن ئىدى، سەن ئۇلارنى ئىنكار قىلغان، بويۇنتاۋلىق قىلىپ كاپىرلاردىن بولغان ئىدىڭ» (دەيدۇ)① [59]. سەن ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغانلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن②، جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەر ئۈچۈن ئورۇن يوقمىكەن؟③ [60] ئاللاھ تەقۋادارلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق (ئازابتىن) قۇتقۇزىدۇ④، (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا ھېچبىر يامانلىق يەتمەيدۇ، ئۇلار قايغۇرمايدۇ⑤ [61]. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر)⑥ [62].*

① بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئارزۇلىرىغا قارىتا بەرگەن جاۋابىدۇر.

② يەنى ئازابنىڭ دەھشىتى ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كۆرگەنلىكتىن يۈزلىرى قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ.

③ ھەدىستە «ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە كىشىلەرنى كەمسىتىش تەكەببۇرلۇقتۇر» دەپ كەلگەن. (سەھىھ مۇسلىم 91-ھەدىس) بۇ يەردىكى سوئال جۈملە ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلغانلارنىڭ بارار جايى دوزاختۇر.

④ ﴿مَفَازِ﴾ غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىش، يامانلىقتىن ساقلىنىپ قىلىش، ياخشىلىققا ۋە سائادەتكە ئېرىشىش دېگەن مەنىدە. دېمەك ئاللاھ تائالا بۇ پەرھىزكارلارنى ئازابتىن ساقلاپ، ئۆز دەرگاھىدا ئالدىن تەييارلانغان بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

⑤ ئۇلار دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرىدىن ھېچ غەم يېمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن ئامان قالىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ھېچ نەرسىدىن ئەندىشە قىلمايدۇ، ھەر قانداق قورقۇنچتىن خاتىرجەم بولىدۇ.

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا بارلىق شەيئىلەرنى ياراتقۇچى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى، پادىشاھىدۇر، ئۇلارنى ئۆزى خالىغان پىلان بويىچە باشقۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر. بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشى، تىزگىنلىشى ۋە مۇھاپىزەت قىلىشى ئاستىدىدۇر. ھېچكىم ئۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ، ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ﴿وَكِيلٌ﴾ مۇھاپىزەت قىلغۇچى ۋە تەدبىر قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج بولماستىن ئۆزى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ، باشقۇرۇپ تۇرىۋاتىدۇ.

لَّهُۥ مَقَالِيدُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِۗ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٦٣﴾ قُلْ أَفَغَيْرَ ٱللَّهِ تَأْمُرُوٓنِّيٓ أَعْبُدُ أَيُّهَا
ٱلْجَٰهِلُونَ ﴿٦٤﴾ وَلَقَدْ أُوحِيَ إِلَيْكَ وَإِلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكَ لَئِنْ
أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٦٥﴾ بَلِ ٱللَّهَ
فَٱعْبُدْ وَكُن مِّنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٦٦﴾ وَمَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِۦ

*ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ*

**ئىلكىدىدۇر① . ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ــ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر② [63]. (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) «ئى نادانلار! مېنى ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟» دېگىن③ [64]. ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە: «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ (بارلىق ياخشى) ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ④، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن» دەپ ۋەھيي قىلىندى [65]، بەلكى سەن يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن⑤ ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن [66]. مۇشرىكلار ئاللاھنى لايىقىدا ئۇلۇغلىمىدى⑥.**

① ﴿مَقَالِيدُ﴾ " مِقْلِيدٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. (فەتھۇلقەدىر) بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى «ئاچقۇچلار» دەپ تەرجىمە قىلسا، بەزىلەر «خەزىنىلەر» دەپ تەرجىمە قىلغان. ھەر ئىككى مەنە ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. بارلىق ئىشلارنىڭ ئاچقۇچى ۋە خەزىنىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

② يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى، بۇ كۇفۇرلۇقنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار دوزاخقا كىرىپ كېتىدۇ.

③ مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن ئىسلام ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا يەنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ئىدى، ئۇلارغا رەددىيە سۈپىتىدە ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى.

④ «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ» يەنى شېرىك ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسەڭ ۋە تەۋبە قىلمىساڭ. بۇ يەردىكى خىتاب گەرچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شېرىك كەلتۈرۈشتىن پاك ۋە يىراق ئىدى، ھەتتا كەلگۈسىدە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىنمۇ قوغدالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن شېرىك ئەمەلىنىڭ سادىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە مۇھاپىزىتى ئاستىدا بولىدۇ.

⑤ ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾ «ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز» دېگەنگە ئوخشاش ﴿بَلِ اللَّهَ فَاعْبُدْ﴾ «سەن يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن» دېگەن ئايەتتىمۇ ﴿اللَّهَ﴾ چۈشۈم كېلىش ئىلگىرى كەلدى. ئەرەب تىلى قائىدىسى بويىچە بۇ خىل ئۇسلۇب مەنىدە خاسلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

⑥ چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئەۋەتكەن ھەقىقەتنىمۇ قوبۇل قىلمىدى، ئىبادەتنىمۇ خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلمىدى، ئاللاھقا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىۋالدى.

وَٱلْأَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَتُهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُ مَطْوِيَّٰتٌۢ بِيَمِينِهِۦ ۚ
سُبْحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٦٧﴾ وَنُفِخَ فِى ٱلصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ إِلَّا مَن شَآءَ ٱللَّهُ ۖ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَىٰ
فَإِذَا هُمْ قِيَامٌ يَنظُرُونَ ﴿٦٨﴾ وَأَشْرَقَتِ ٱلْأَرْضُ بِنُورِ رَبِّهَا

***قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ① ، ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر [67]. سۈر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ② ، ئاندىن سۈر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغان ھامان③ ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ④ [68]. (قىيامەت كۈنىدە) ھېساب مەيدانى رەببىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ كېتىدۇ⑤ ،***

① بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىستە ئاللاھ تائالا: «مەن پادىشاھتۇرمەن، (بۈگۈن) زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قەيەردە؟» دەيدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 4812-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر يەھۇدىي ئالىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! بىز ئۇلۇغ ئاللاھ ھەققىدە (كىتابلاردا) مۇنداق مەزمۇننىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. ئاللاھ تائالا (قىيامەت كۈنى) ئاسمانلارنى بىر بارمىقىغا، زېمىننى بىر بارمىقىغا، دەرەخلەرنى بىر بارمىقىغا، سۇ ۋە تۇپراقنى بىر بارمىقىغا، قالغان

مەخلۇقلارنى بىر بارمىقىغا ئېلىپ مەن پادىشاھتۇرمەن دەيدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئالىمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ كۈلدى، ئاندىن بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى». (سەھىھۇل بۇخارى 4811-ھەدىس) ھەدىس ئەھلى ۋە سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان (مەسىلەن: بۇ ئايەتتە قولى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسا، ھەدىسلەردە بارمىقى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان) سۈپەتلىرىگە ئىزاھات بەرمەستىن، قانداقلىقىنى بايان قىلماستىن، ئۆزگەرتمەستىن، مەنىسىنى بۇرمىلىماستىن، بىر نەرسىگە ئوخشاتماستىن، قانداق كەلگەن بولسا، شۇ بويىچە ئوقۇپ ئۆتۈش ۋە ئىمان كەلتۈرۈش لازىم. شۇڭا، بۇ يەردە بايان قىلىنغان قول ۋە بارماقنى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە غەلىبە مەنىسىدە دەپ چۈشىنىش توغرا ئەمەس.

② بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىپ ئالاقزادە قىلىۋېتىدىغان بىرىنچى قېتىملىق سۇردىن كېيىن چېلىنغان ئىككىنچى قېتىملىق سۇردۇر. بۇنىڭ بىلەن بارلىق مەخلۇقات ئۆلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: بۇ تۆنجى قېتىم چېلىنغان سۇر بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە باشتا قاتتىق ھەيرانلىق، ئالاقزادىلىك ۋە تەشۋىشلىنىش پەيدا بولىدۇ، ئاندىن ھەممە مەخلۇقات ئۆلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بىر قانچە قېتىم چېلىنىدىغان سۇرنىڭ تەرتىپىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: بىرىنچى، ئۆلۈش ئۈچۈن چېلىنىدىغان سۇر. ئىككىنچى، تىرىلىش ئۈچۈن چېلىنىدىغان سۇر. ئۈچىنچى، ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ئۆلۈشى ئۈچۈن چېلىنىدىغان سۇر. تۆتىنچى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن چېلىنىدىغان سۇر. (ئەيسەر تەپاسىر) بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە پەقەت ئىككى قېتىم سۇر چېلىنىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆلۈش ئۈچۈن، ئىككىنچىسى، تىرىلىش ئۈچۈن. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۈچ قېتىم چېلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

③ ئاللاھنىڭ خالىشى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئۆلمەيدىغانلار بار. مەسىلەن: جىبرىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالاملار. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، رىزۋان پەرىشتە، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەر، جەننەت ۋە دوزاختىكى مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۆلمەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ تۆت قېتىم سۇر چېلىنىدۇ دەپ قارايدىغانلارنىڭ نەزىرىدە بۇ تۆتىنچى قېتىملىق سۇر ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ قېتىم سۇر چېلىنىدۇ دەپ

قارايدىغانلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۈچىنچى سۈر. ئىككى قېتىم سۈر چېلىنىدۇ دەپ قارايدىغانلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىككىنچى سۈردۇر. ھەر ھالدا بۇ سۈر چېلىنىشى بىلەن بارلىق ئىنسانلار تىرىلىپ، مەھشەرگاھقا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا جەم بولىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

⑤ بۇ نۇرنى بەزى مۇپەسسىرلەر ئادالەت نۇرى دەپ ئالسا، بەزىلەر ھۆكۈم نۇرى دەپ ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئېلىشقا تۇسالغۇ بولىدىغان ھېچقانداق ئامىل يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر. (فەتھۇلقەدىر)

وَوُضِعَ ٱلۡكِتَٰبُ وَجِاْيٓءَ بِٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَقُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡحَقِّ
وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٦٩﴾ وَوُفِّيَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِمَا
يَفۡعَلُونَ ﴿٧٠﴾ وَسِيقَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ زُمَرًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا
جَآءُوهَا فُتِحَتۡ أَبۡوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمۡ خَزَنَتُهَآ أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ رُسُلٞ
مِّنكُمۡ يَتۡلُونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِ رَبِّكُمۡ وَيُنذِرُونَكُمۡ لِقَآءَ
يَوۡمِكُمۡ هَٰذَاۚ قَالُواْ بَلَىٰ

*(ھەربىر ئادەمنىڭ) نامە - ئەمەلى ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ①، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ② [69]. ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ بەدىلى (يەنى مۇكاپاتى ياكى جازاسى) تولۇق بېرىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ③ [70]. كاپىرلار جەھەننەمگە توپ - توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ④، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ⑤، جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، بۇگۈنكى ئۇچرىشىشىڭلاردىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەلۋەتتە كەلگەن (بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)⑥،*

① پەيغەمبەرلەردىن سىلەر مېنىڭ ئەمرىمنى ئۇممىتىڭلارغا يەتكۈزگەنمۇ؟ ياكى سىلەرنىڭ ئۇممىتىڭلار دەۋىتىڭلارغا قانداق جاۋاب قايتۇرغان؟ ئۇنى قوبۇل قىلغانمۇ ياكى ئىنكار قىلغانمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى گۇۋاھچى سۈپىتىدە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇلار: سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭ ئەمرىڭنى ئۇممەتلىرىگە يەتكۈزگەن، سەن بۇنى بىزگە قۇرئان كەرىم ئارقىلىق بىلدۈرگەن ئىدىڭ، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

② ھېچكىمگە بېرىلىدىغان مۇكاپات كەملەپ كەتمەيدۇ. ھېچكىمگە قىلغان جىنايەتتىن ئارتۇق جازا بېرىلمەيدۇ.

③ يەنى ئاللاھقا ھېچبىر پۈتۈكچى، ھېسابلىغۇچى، گۇۋاھچى كەتمەيدۇ. بۇ نامە-ئەمەللەر ۋە گۇۋاھچىلار پەقەت دەلىل-ئىسپات سۈپىتىدە، ئۆزرىگە ئورۇن قويماسلىق ئۈچۈن كەلتۈرۈلىدۇ.

④ ﴿زُمَرًا﴾ " زَمْرٌ "دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، ئاۋاز مەنىسىدە كېلىدۇ يەنى ھەرقانداق بىر گۇرۇھ ۋە جامائە كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن ھاسىل بولغان ئاۋازنى كۆرسىتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ سۆز بىر توپ جامائە ياكى گۇرۇھ ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. دېمەك، كاپىرلار جەھەننەم تەرەپكە توپ-توپ شەكلىدە ئېلىپ مېڭىلىدۇ، بىر توپ يەنە بىر توپنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇلار دوزاخقا ناھايىتى قوپاللىق بىلەن دۇشكەللىنىپ ھەيۋە قىلىنىپ ۋە قورقىتىلىپ ھەيدىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ﴾. (سۈرە تۇر 13 - ئايەت)

⑤ يەنى ئۇلار كەلگەن ھامان ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ كېچىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى دەرھال ئېچىلىدۇ.

⑥ يەنى ئۇلار دۇنيادا ئاخىرەت توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلاتتى ۋە جېدەللىشىپ، مۇنازىرلىشەتتى. ئۇ يەردە ھەقىقەتنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن گەپ-سۆز ۋە مۇنازىرە قىلىشقا ئورۇن قالمىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلماي چارە يوقلىقىنى چۈشىنىدۇ.

وَلَٰكِنۡ حَقَّتۡ كَلِمَةُ ٱلۡعَذَابِ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٧١﴾ قِيلَ ٱدۡخُلُوٓاْ

أَبۡوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ فَبِئۡسَ مَثۡوَى ٱلۡمُتَكَبِّرِينَ ﴿٧٢﴾ وَسِيقَ
ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ رَبَّهُمۡ إِلَى ٱلۡجَنَّةِ زُمَرًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا وَفُتِحَتۡ
أَبۡوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمۡ خَزَنَتُهَا سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ طِبۡتُمۡ فَٱدۡخُلُوهَا
خَٰلِدِينَ ﴿٧٣﴾

***ئەمما (كاپىرلار دوزاختقا كىرىدۇ دېگەن) ھۆكۈم (قىلمىشلىرىمىز تۈپەيلى بىزدەك) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ① [71]. (ئۇلارغا) «سىلەر (ئەمدى) جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، سىلەر ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالىسىلەر، مۇتەكەببىرلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ [72]. رەببىدىن قورققانلار (يەنى گۇناھتىن ساقلانغان تەقۋادارلار) جەننەتكە توپ ـ توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ②، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ③، جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە سالام، خۇش كەپسىلەر، جەننەتكە مەڭگۈ تۇرۇش ئۈچۈن كىرىڭلار» دەيدۇ [73].***

① يەنى بىز پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىماتىغا خىلاپلىق قىلغان ئىدۇق، ئۆزىمىزنىڭ شۇملۇقىدىن بۇ ئازابقا لايىق بولۇپ قالدۇق. بىز ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ، باتىل يولنى تاللىغان ئىدۇق. بۇ مەزمۇن سۈرە مۈلكنىڭ 8-ئايەتتىن 10-ئايەتكىچە بولغان شەرھىدە تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

② مۆئمىنلەر ۋە تەقۋادارلارمۇ توپ-توپ بولۇپ جەننەتكە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال مۇقەررەبىنلەر يەنى ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بەندىلەر، ئاندىن ئەبرار يەنى سالىھلار، مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ھەر توپ دەرىجىسى ئوخشاش كىشىلەردىن تەركىپ تاپىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەرلەر توپى، ئۇنىڭدىن كېيىن سىددىقلار (راستچىللار) توپى، ئاندىن شېھىتلەر توپى، ئاندىن ئۆلىمالار توپى ئۆز تېپىدىكىلەر بىلەن، ھەر گۇرۇھ ئۆز خىلىدىكى كىشىلەر بىلەن جەننەتكە ئېلىپ بېرىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى رەييان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن پەقەت روزا تۇتقۇچىلارلا كىرىدۇ» (سەھىھۇل بۇخارى 3257-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1152-ھەدىس) شۇنىڭدەك جەننەتنىڭ باشقا دەرۋازىلىرىنىڭ ناملىرىمۇ بار. مەسىلەن: ناماز دەرۋازىسى، سەدىقە دەرۋازىسى، جىھاد دەرۋازىسى قاتارلىقلار. (سەھىھۇل بۇخارى 1897-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1027-ھەدىس) ھەر دەرۋازىنىڭ كەڭلىكى قىرىق يىللىق مۇساپىگە باراۋەر بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇپمۇ كىرىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن توشۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى بىرىنچى بولۇپ قاققۇچىمەن» (سەھىھ مۇسلىم 2967-ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتكە بىرىنچى تۈركۈمدە كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ چىرايلىرى ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. جەننەتتە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش، تۈكۈرۈش، بۇرنىنى قېقىش بولمايدۇ. جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ چاچ تارايدىغان تاغاقلىرى ئالتۇندىن بولىدۇ. ئۇلاردىن چىققان تەرلەر ئىپاردۇر. ئىسرىقدانلارغا سېلىنغان نەرسىلەردىن خۇشپۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. ئاياللىرى ھۆر - پەرىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدەك 60 گەز بولىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3327-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 196-ھەدىس) سەھىھۇل بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «ھەربىر ئادەمگە چىرايلىقلىقىدىن پاچاقلىرىنىڭ ئىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككى ئايال بېرىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3254-ھەدىس) بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئىككى ئايال ھۆرلەردىن باشقا، دۇنيا ئاياللىرىدىن بېرىلىدۇ، دېيىلگەن. ئەمما «ھەربىر ئادەمگە 72 ھۆر بېرىلىدۇ» دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلىرى نۇقتىسىدىن سەھىھ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ توغرا رىۋايەت شۇكى، جەننەتكە كىرگەن ھەربىر كىشىگە ئاز دېگەندە ھۆر بىلەن قوشۇپ ئىككى ئايال بېرىلىدۇ. ﴿جەننەتتە ئۇلار نېمىنى خالىسا، شۇ بېرىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتكە ئاساسەن ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئايال بېرىلىشى مۇمكىن. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. (فەتھۇلبارىنىڭ مەزكۇر بابقا مۇناسىۋەتلىك جايلىرىغا قارالسۇن)

وَقَالُواْ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى صَدَقَنَا وَعْدَهُۥ وَأَوْرَثَنَا ٱلْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ
ٱلْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَآءُ ۖ فَنِعْمَ أَجْرُ ٱلْعَٰمِلِينَ ﴿٧٤﴾ وَتَرَى ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ
حَآفِّينَ مِنْ حَوْلِ ٱلْعَرْشِ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ ۖ وَقُضِىَ بَيْنَهُم
بِٱلْحَقِّ وَقِيلَ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٧٥﴾

***ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ بولۇپ) «بارچە ھەمدۇسانا بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، بىزنى جەننەتنىڭ زېمىنغا ۋارىس قىلغان ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئەمدى جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز. (ئاخىرەتلىك ئۈچۈن) ئىشلىگۈچىلەرنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!» دەيدۇ [74]. (ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنى) سەن پەرىشتىلەرنىڭ رەببىگە تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا، ئەرشنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن① . ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ (مۇئمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ) ۋە «بارچە ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىلىدۇ② [75].***

① ئاللاھ تائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، مۇئمىنلەر جەننەتكە، كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار دوزاخقا كىرىدۇ. بۇ ئايەتتە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋال تەسۋىرلەندى. پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشى ئەتراپىنى ئوراپ تۇرۇپ، تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

② بۇ ئايەتتە ھەمدۇسانا مۇئەييەن بىر دېگۈچىگە قارىتىلمىدى، بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، كائىناتتىكى (سۆزلىيەلەيدىغان ۋە سۆزلىيەلمەيدىغان) بارلىق شەيئىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ.

# سۈرە غافىر

| (40) سورة غافر مكية 85 آية | (40) سۈرە غافىر مەككىدە چۈشكەن 85 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

حمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ﴿٢﴾

***ھامىم [1]. (بۇ) (يەنى قۇرئان) غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ① تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر② [2].***

★ سۈرە غاپىر "سورة طَوْلِ " سۈرە تەۋل (ئىنئام، مولچىلىق) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

① ئاللاھ مۇتلەق غالىبتۇر، ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئالدىدا ھېچكىم كۈچ كۆرسىتىشكە قادىر ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ھەر قانچە قېلىن پەردىلەر ئارقىسىغا يوشۇرۇلغان بولسىمۇ، زەررىچىلىك نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي بولۇپ قالمايدۇ.

② ﴿تَنْزِيلُ﴾ " مُنَزَّلٌ " چۈشۈرۈلگەن دېگەن مەنىدە يەنى قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەندۇر، ئۇنىڭدا ھېچ يالغان يوقتۇر.

غَافِرِ ٱلذَّنۢبِ وَقَابِلِ ٱلتَّوۡبِ شَدِيدِ ٱلۡعِقَابِ ذِى ٱلطَّوۡلِۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا
هُوَۖ إِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٣﴾ مَا يُجَٰدِلُ فِىٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ

فَلَا يَغۡرُرۡكَ تَقَلُّبُهُمۡ فِي ٱلۡبِلَٰدِ ۝٤

***(ئاللاھ) گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچى، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر① ، (ئاللاھنىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر② ، (ئاللاھ) ئىنئام ئىگىسىدۇر③ ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، (ئاخىرى) قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر [3]. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى (يەنى قۇرئان) توغرىسىدا پەقەت كاپىرلارلا دەتالاش قىلىشىدۇ④، ئۇلارنىڭ شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن⑤ [4].***

① بەندىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان خاتالىقلار ئۈچۈن قىلىنغان تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر، دوستلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنىمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

② دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئەۋزەل بىلگەن، ھەددىدىن ئاشقان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىققان ئادەمگە ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆز ئۇسلۇبى ئىلگىرىكى ئايەتلەردىكى ئۇسلۇبقا ئوخشايدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) مېنىڭ (مۇئمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾. (سۈرە ھىجر 49 ـ، 50 ـ ئايەتلەر) بەندە قورقۇنچ ھەم ئۈمىد ئىچىدە ياشىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كۆپ جايلاردا بۇ ئىككى سۈپەتنى بىر يەردە كەلتۈردى. چۈنكى، دائىم قورقۇنچ ئىچىدىلا بولغان ئىنسان ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىدىن مەيۇسلىنىپ قالىدۇ؛ بەك ئۈمىدلىنىپ كەتسە، بىخۇدلىشىپ، تېخىمۇ گۇناھقا چۆمۈپ كېتىدۇ.

③ ﴿طَوْلِ﴾نىڭ مەنىسى مولچىلىق ۋە پاراۋانلىق بولۇپ، ئاللاھ مولچىلىق ئاتا قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى ئىنئام ۋە مەرھەمەت دەپ ئالىدۇ يەنى ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ئىنئام قىلغۇچى ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.

④ بۇ يەردىكى «دەتالاش» جايىز بولمىغان، ناھەق دەتالاشنى

كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىش، رەت قىلىش ۋە ئىنكار قىلىش ئۇچۇن ئىلىپ بىرىلغان بەس-مۇنازىرە مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي بەس-مۇنازىرىدىن مەقسەت ھەقنى بايان قىلىش، باتىلنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، ئىنكار قىلغۇچى ۋە ئىتىراز بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ شەك-شۈبھىلىرىگە رەددىيە بىرىش بولسا، جايىز بولىدۇ، ھەتتا مەدھىيەلەشكە لايىق ئىشتۇر. چۈنكى، ئىلىم ئەھلىنىڭ ھەقنى بايان قىلىش مەجبۇرىيىتى ئىبغىر بولۇپ، بۇ ئاللاھ تەكىتلەنگەن ۋەزىپىدۇر. ﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بىرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار)دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بىرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى﴾. (سۈرە ئال ئىمران 187-ئايەت) ھەتتا ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى يوشۇرۇش شۇ قەدەر ئىبغىر جىنايەتكى، ئۇنى سادىر قىلغۇچىغا كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ. ﴿بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئىنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كىيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ﴾. (سۈرە بەقەرە 159-ئايەت)

⑤ كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ ھەر قايسى شەھەرلەردە كىزىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىشى ۋە كۆپ مەنپەئەت ھاسىل قىلىشى سىنى ئالداپ قويمىسۇن. ئۇلار يىقىن كەلگۈسىدە كۇفرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ جازاسىغا يولۇقىدۇ، ئۇلارغا مەلۇم مۇددەتكىچە مۆھلەت بىرىلىدۇ، ئەمما جازالانماستىن تاشلاپ قويۇلمايدۇ.

كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَٱلۡأَحۡزَابُ مِنۢ بَعۡدِهِمۡۖ وَهَمَّتۡ كُلُّ أُمَّةِۭ
بِرَسُولِهِمۡ لِيَأۡخُذُوهُۖ وَجَٰدَلُواْ بِٱلۡبَٰطِلِ لِيُدۡحِضُواْ بِهِ ٱلۡحَقَّ فَأَخَذۡتُهُمۡۖ
فَكَيۡفَ كَانَ عِقَابِ ۝٥ وَكَذَٰلِكَ حَقَّتۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓاْ أَنَّهُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ ۝٦ ٱلَّذِينَ يَحۡمِلُونَ ٱلۡعَرۡشَ وَمَنۡ
حَوۡلَهُۥ يُسَبِّحُونَ بِحَمۡدِ رَبِّهِمۡ وَيُؤۡمِنُونَ بِهِۦ وَيَسۡتَغۡفِرُونَ لِلَّذِينَ

ءَامَنُواْ رَبَّنَا وَسِعۡتَ كُلَّ شَيۡءٖ رَّحۡمَةٗ وَعِلۡمٗا فَٱغۡفِرۡ لِلَّذِينَ تَابُواْ
وَٱتَّبَعُواْ سَبِيلَكَ وَقِهِمۡ عَذَابَ ٱلۡجَحِيمِ ٧

*ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر)دىن بۇرۇن نۇھ قەۋمى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى (ئاد ۋە سەمۇد قاتارلىق) جامائەلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلدى. (ئۇلاردىن) ھەربىر ئۇممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى تۇتۇشقا (يەنى ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە) ئۇرۇندى①. ئۇلار ھەقنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن باتىل (سۆزلەر) بىلەن مۇنازىرە قىلىشتى②، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتىم، مېنىڭ ئازابىم قانداق ئىكەن؟③ [5] شۇنىڭدەك (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۇممەتلەرگە ئازاب ھەق بولغاندەك) رەببىڭنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلار توغرىسىدا: «ھەقىقەتەن ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر» دېگەن سۆزى ھەق بولدى④ [6]. ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەر ۋە ئەرشنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەر رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ ۋە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «ئى رەببىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن⑤ [7].*

① تۇتۇپ زىندانغا سولاش ياكى جازالاش ياكى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

② يەنى ئۆز پەيغەمبەرلىرى بىلەن دەتالاش قىلىشتى، مەقسىتى شەك-شۈبھە تۇغدۇرۇپ، ھەقىقەتنى رەت قىلىش ۋە ئۇنى ئاجىزلىتىش ئىدى.

③ يەنى شۇنىڭ بىلەن مەن ئاشۇ باتىلنى ھىمايە قىلغانلارنى ھالاك قىلىۋەتتىم، سەن قارىغىنكى، ئۇلارغا ئازابىم قانداق كەلدى؟ ئۇلار خاتا يېزىلغان ھەرپ ئۆچۈرۈلگەندەك، يەر يۈزىدىن قانداق ئۆچۈرۈلدى ياكى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىندى؟

④ بۇ بayاندىن مەقسەت شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشكى، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە ئازاب تېگىشلىك بولۇپ ھالاك قىلىنغاندەك، ئەگەر مەككە

ئەھلىمۇ سېنى ئىنكار قىلىش ۋە ساڭا قارشىلىق قىلىشتىن باش تارتمىسا، باتىل دەتالاشنى تەرك ئەتمىسە، بۇلارغىمۇ ئەلۋەتتە ئازاب تېگىشلىك بولىدۇ، ئاندىن بۇلارنى قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ.

⑤ بۇ ئايەتتە ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەر ۋە ئەرشنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى بايان قىلىندى. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان بىر ئىشى شۇكى، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق نۇقسانلاردىن پاكلىقىنى كۆرسىتىدىغان تەسبىھلەرنى ئېيتىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيىلەرنى ئوقۇيدۇ. ئۇلار ھەمىشە ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقان ۋە قورققان ھالدا، ئاجىزلىقىنى (ئىمانىنى) ئىزھار قىلىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى بىر ئىشى شۇكى، ئۇلار مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ سانى تۆتتۇر، ئەمما قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ سانى سەككىز بولىدۇ. (تەپسىرى ئىبنى كەسىر، مۇسنەد ئەھمەد 2314 ـ ھەدىس)

رَبَّنَا وَأَدۡخِلۡهُمۡ جَنَّٰتِ عَدۡنٍ ٱلَّتِي وَعَدتَّهُمۡ وَمَن صَلَحَ مِنۡ
ءَابَآئِهِمۡ وَأَزۡوَٰجِهِمۡ وَذُرِّيَّٰتِهِمۡۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٨﴾ وَقِهِمُ
ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ وَمَن تَقِ ٱلسَّيِّـَٔاتِ يَوۡمَئِذٖ فَقَدۡ رَحِمۡتَهُۥۚ وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ
ٱلۡعَظِيمُ ﴿٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُنَادَوۡنَ لَمَقۡتُ ٱللَّهِ أَكۡبَرُ مِن
مَّقۡتِكُمۡ أَنفُسَكُمۡ إِذۡ تُدۡعَوۡنَ إِلَى ٱلۡإِيمَٰنِ فَتَكۡفُرُونَ ﴿١٠﴾

*ئى رەببىمىز! سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرگۈزگىن①. سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن [8]. (ئى رەببىمىز!) سەن ئۇلارنى يامانلىقلاردىن (يەنى يامانلىقلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن) ساقلىغىن②، بۇ كۈندە سەن كىمنى يامانلىقلاردىن*

*(يەنى يامانلىقلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن) ساقلىساڭ، شۈبھىسىزكى، سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن. مانا بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر»③ [9]. شۈبھىسىزكى، (ئاللاھنى) ئىنكار قىلغانلارغا: «ئاللاھنىڭ (دۇنيادا) سىلەرگە بولغان غەزىپى سىلەرنىڭ (ئاخىرەتتە) ئۆزۈڭلارغا بولغان غەزىپىڭلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، چۈنكى سىلەر ئىمانغا دەۋەت قىلىنىپ تۇرساڭلارمۇ ئىمان ئېيتمايتتىڭلار» دەپ نىدا قىلىنىدۇ④ [10].*

*① يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىنى جەننەتتە جەم قىلغىنكى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرلىرىنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇن. بۇ مەزمۇن يەنە بىر ئايەتتىمۇ بايان قىلىنغان: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز﴾.[(سۈرە تۇر 21 ـ ئايەت) يەنى ئۇلارنىڭ خاتىرجەم بولسۇن دەپ، جەننەتتە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى دەرىجىدە باراۋەر قىلدۇق، تۆۋەن دەرىجىلىكنىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈردۇق. تۆۋەن دەرىجىلىك بىلەن ئوخشاش بولسۇن دەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئادەمنىڭ دەرىجىسىنى كېمەيتىۋەتمىدۇق. ئەكسىچە ياخشى ئەمەلى ئاز ئادەمنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئۆز پەزلىمىز بىلەن ياخشى ئەمەلى كۆپ ئادەم بىلەن باراۋەر دەرىجىدە قىلدۇق.*

② ﴿السَّيِّاٰتِ﴾ «يامانلىقلار» دېگەندىن بۇ يەردە يامانلىقلارنىڭ جازاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى جازا سۆزى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان يەنى ئۇلارنى يامانلىقلارنىڭ جازاسىدىن ساقلىغىن ياكى ئۇلارنى ئاخىرەتتە جازالىمىغىن دېگەن بولىدۇ.

③ يەنى ئاخىرەتتىكى ئازابتىن ساقلىنىپ قېلىش ۋە جەننەتكە داخىل بولۇش ھەممىدىن كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت ۋە مۇۋەپپەقىيەت بولماس؛ ئازابتىن ساقلىنىپ قېلىشتىن ئارتۇق نىجاتلىق بولماس. بۇ ئايەتلەردە مۆئمىنلەرگە ئىككى چوڭ خۇش خەۋەر بار: بىرى، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلار ئۈچۈن غايىبانە دۇئا

قىلىدىغانلىقى، يەنە بىرى، مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز جەمەتىدىكىلەر بىلەن جەننەتتە جەم بولىدىغانلىقىدۇر. (ئاللاھ بىزنى سالىھ ئاتا-بوۋىلار بىلەن جەننەتتە جەم بولىدىغانلاردىن قىلسۇن. ئامىن)

④ ﴿مَقْتِ﴾ قاتتىق نارازىلىقنى ۋە غەزەپلەنگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ. كاپىرلار ئۆزلىرىنى دوزاخ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ھالدا كۆرگەن چاغدا، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. شۇ چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلارغا: سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ئىمانغا چاقىرىلساڭلار، ئۇنى ئىنكار قىلاتتىڭلار، بۇ قىلمىشىڭلاردىن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۈگۈن ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆزۈڭلەرگە غەزەپلەنگەنلىكىڭلاردىنمۇ قاتتىق غەزەپلىنەتتى ۋە نارازى بولاتتى. ئاللاھنىڭ ئاشۇ نارازىلىقىنىڭ نەتىجىسىدە بۈگۈن سىلەر دوزاخقا كىردىڭلار، دەيدۇ.

قَالُواْ رَبَّنَآ أَمَتَّنَا ٱثۡنَتَيۡنِ وَأَحۡيَيۡتَنَا ٱثۡنَتَيۡنِ فَٱعۡتَرَفۡنَا بِذُنُوبِنَا فَهَلۡ
إِلَىٰ خُرُوجٖ مِّن سَبِيلٖ ﴿١١﴾ ذَٰلِكُم بِأَنَّهُۥٓ إِذَا دُعِيَ ٱللَّهُ وَحۡدَهُۥ
كَفَرۡتُمۡ وَإِن يُشۡرَكۡ بِهِۦ تُؤۡمِنُواْۚ فَٱلۡحُكۡمُ لِلَّهِ ٱلۡعَلِيِّ ٱلۡكَبِيرِ ﴿١٢﴾
هُوَ ٱلَّذِي يُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ وَيُنَزِّلُ لَكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ رِزۡقٗاۚ

***ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۇڭ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۇڭ① . بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار بولدۇق② ، ئەمدى (بىزگە دوزاختىن) چىقىش يولى بارمىدۇ؟» دەيدۇ③ [11]. (ئى كاپىرلار! بۇ ئازاب) بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە (ئىمان ئېيتىشقا) چاقىرىلغاندا ئىنكار قىلاتتىڭلار④ ، ئەگەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈلسە (يەنى لات، ئۇززا قاتارلىق بۇتلارغا چوقۇنۇشقا چاقىرىلساڭلار)، ئىشىنەتتىڭلار (يەنى ئۇلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتىڭلار)، ئەمدى ھۆكۈم قىلىش يۈكسەك (ئەڭ ئۇلۇغ) ۋە مۇتلەق بۈيۈك ئاللاھقا خاستۇر⑤ [12]. (ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى كۆرسىتىدىغان ۋە سىلەرگە كۆكتىن رىزىق چۈشۈرۈپ بېرىدىغان زاتتۇر⑥ .***

① كۆپ ساندىكى مۆپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرىگە ئاساسەن ئىككى قېتىملىق ئۆلۈمنىڭ بىرىنچىسى: ئىنساننىڭ ئاتىسى پۇشتىدىكى ئانىمەنى ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئىنساننىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىن (بارلىقىدىن) ئىلگىرىكى مەۋجۇتسىزلىقى (يوقلۇقى) ئۆلۈم دەپ ئىپادىلەنگەن. ئىككىنچىسى: ئىنساننىڭ دۇنيا ھاياتىنى ياشاپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ، قەبرىگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى قېتىم تىرىلىشنىڭ بىرىنچىسى: دۇنيا ھاياتى بولۇپ، ئىنسان تۇغۇلغاندىن باشلاپ تاكى ۋاپات بولغىچە بولغان ھاياتلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىسى: قىيامەت كۈنى قەبرىلەردىن تىرىلىپ چىققاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان ئاخىرەت ھاياتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى قېتىملىق ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق سۈرە بەقەرە 28-ئايەتتىمۇ بايان قىلىنغان: ﴿ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئانىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر﴾.

② يەنى ئۇلار دوزاختا گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇ يەردە ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلغانلىقنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. ئۇلار دوزاختا پۇشايمان قىلىدۇ، ئۇ يەردە قىلغان پۇشايمانىنىڭمۇ ھېچ قىممىتى بولمايدۇ.

③ بىزنى دۇنياغا قايتۇرساڭ، ياخشى ئەمەل قىلىپ كەلسەك دەپ يالۋۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇلىرى قۇرئان كەرىمدە كۆپ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنىدى.

④ بۇ يەردە ئۇلارنىڭ دوزاختىن چىقىرىلمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىدى. سىلەر دۇنيادىكى چاغدا ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلاتتىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشنى ياقتۇراتتىڭلار، شۇ ۋەجىدىن ئەمدى سىلەرگە دوزاخنىڭ دائىملىق ئازابىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق.

⑤ شۇ يېگانە ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇركى، ئەمدى سىلەرگە دوزاخنىڭ مەڭگۈلۈك ئازابى بار، ئۇنىڭدىن چىقىشقا ھېچ يول يوق. ئۇ ئاللاھ ﴿الْعَلِيّ﴾ يۇكسەكتۇر. يەنى ئۇنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىدە ئۆزىگە ئوخشاش باشقا بىرى بولۇشتىن يۇكسەكتۇر. ئۇ ئاللاھ ﴿الْكَبِيرِ﴾ ھەممىدىن بۈيۈك ۋە ئۈستۈندۇر. يەنى بالىسى بولۇشتىن ياكى ئايالى بولۇشتىن ياكى

شېرىكى بولۇشتىن ياكى تەڭدىشى بولۇشتىن ئۇستۇندۇر.

⑥ يەنى سىلەرنىڭ رىزقىڭلارغا سەۋەب بولىدىغان سۇ چۇشۇرۇپ بېرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش بىلەن رىزىق چۈشۈرۈپ بېرىشنى بىرلىكتە بايان قىلدى. چۈنكى، قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى دىنىنىڭ ئاساسىدۇر، رىزىق بولسا بەدەننىڭ ئاساسىدۇر، شۇڭا بۇ ئىككى ئاساسنى بىر يەردە كەلتۈردى. (فەتھۇلقەدىر)

وَمَا يَتَذَكَّرُ إِلَّا مَن يُنِيبُ ﴿١٣﴾ فَٱدۡعُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿١٤﴾ رَفِيعُ ٱلدَّرَجَٰتِ ذُو ٱلۡعَرۡشِ يُلۡقِي ٱلرُّوحَ مِنۡ أَمۡرِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦ لِيُنذِرَ يَوۡمَ ٱلتَّلَاقِ ﴿١٥﴾ يَوۡمَ هُم بَٰرِزُونَۖ لَا يَخۡفَىٰ عَلَى ٱللَّهِ مِنۡهُمۡ شَيۡءٞۚ لِّمَنِ ٱلۡمُلۡكُ ٱلۡيَوۡمَۖ لِلَّهِ ٱلۡوَٰحِدِ ٱلۡقَهَّارِ ﴿١٦﴾

***پەقەت (ئاللاھقا) يۈزلەنگەن كىشىلەرلا (بۇ ئايەتلەردىن) ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ① [13]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر كاپىرلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي، ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار② [14]. ئاللاھنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر، ئۇ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ ھەممە خالايىق ئۇچرىشىدىغان (قىيامەت) كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، خالىغان بەندىسىگە ئۆز ھۆكمى بويىچە ۋەھيي نازىل قىلىدۇ③ [15]. خالايىق (قەبرىلىرىدىن چىقىپ ئاللاھنىڭ ئالدىغا) ھازىر بولغان④ كۈندە ئاللاھقا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشى مەخپىي قالمايدۇ، «بۈگۈن پادىشاھلىق كىمنىڭدۇر؟» (دەپ سورىلىدۇ)⑤ «چەكسىز قۇدرەتلىك بىر ئاللاھنىڭدۇر»⑥ (دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ) [16].***

① يەنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە يۈزلىنىدىغان، ئۇنىڭدىن دىللىرىدا ئاخىرەتتىن قورقۇش پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىزچىل تۈردە ئادا قىلىدىغان كىشىلەرلا بۇ نەرسىلەردىن ئىبرەت

ئالىدۇ.

② يەنى بارلىق مەۋجۇداتنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى يالغۇز بىر ئاللاھتۇر. شۇڭا كاپىرلار ھەر قانچە نارازى بولۇپ كەتسىمۇ، پەقەت شۇ بىر ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىڭلار، تائەت-ئىبادەتنى پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن خالىس قىلىڭلار.

③ ﴿رُوحَ﴾ بۇ يەردە بەندىلەر ئىچىدىن ئەلچىلىككە تاللانغان بىر كىشىگە نازىل قىلىنىدىغان ۋەھيىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿رُوحَ﴾ «روھ» بۇ يەردە ۋەھيي دەپ ئىپادىلەندى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، خۇددى روھ ئىنسانغا ھاياتلىق بېغىشلىغاندەك، ۋەھيىمۇ كۇفرى ۋە شېرىك سەۋەبىدىن ئۆلگەن دىللارغا ھاياتلىق بېغىشلايدۇ. شۇڭا، ئىنساننىڭ ھايات ياشىشى ئۈچۈن جىسمىدا روھ بولمىسا بولمىغاندەك، دىللارنىڭ ياشنىشى ئۈچۈنمۇ ۋەھيي بولمىسا بولمايدۇ.

④ يەنى بارلىق ئىنسانلار تىرىلىپ قەبرىلەردىن سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ. ھەممىسى يەر ئۈستىدە زاھىر بولىدۇ.

⑤ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا شۇنداق سورايدۇ. يەنى بارلىق ئىنسانلار ئۇنىڭ ئالدىغا مەھشەرگاھقا جەم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا زېمىننى ئۆزىنىڭ بارمىقىدا، ئاسماننى ئوڭ قولىدا قاتلاپ ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن: «مەن پادىشاھمەن. زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قېنى؟» دەيدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 4812-ھەدىس)

⑥ ھېچكىم جاۋاب بەرمىگەندە ئاللاھ تائالا ئۆزى مۇشۇنداق جاۋاب بېرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بىر پەرىشتە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىق مۇسۇلمانلار ۋە كاپىرلار بىر ئاۋاز بىلەن شۇ جاۋابنى تەكرارلايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

ٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَىٰ كُلُّ نَفۡسِۭ بِمَا كَسَبَتۡۚ لَا ظُلۡمَ ٱلۡيَوۡمَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ
ٱلۡحِسَابِ ١٧ وَأَنذِرۡهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡأٓزِفَةِ إِذِ ٱلۡقُلُوبُ لَدَى ٱلۡحَنَاجِرِ
كَٰظِمِينَۚ مَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ حَمِيمٖ وَلَا شَفِيعٖ يُطَاعُ ١٨ يَعۡلَمُ

خَآئِنَةَ ٱلۡأَعۡيُنِ وَمَا تُخۡفِي ٱلصُّدُورُ ﴿١٩﴾ وَٱللَّهُ يَقۡضِي بِٱلۡحَقِّۖ وَٱلَّذِينَ
يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَقۡضُونَ بِشَيۡءٍۗ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلۡبَصِيرُ ﴿٢٠﴾

*بۈگۈن ھەركىمگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ، بۈگۈن زۇلۇم يوقتۇر (يەنى بۇ كۈندە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر① [17]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى يېقىنلاشقان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن② ، ئۇ چاغدا قايغۇ - ھەسرەتكە تولغان يۈرەكلەر (قورقۇنچتىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىپ قالىدۇ③ ، (ئىمان ئېيتماي ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا ھېچبىر يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان بىرەر شاپائەتچى چىقمايدۇ [18]. ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللارنىڭ يوشۇرغان (ياخشى ـ يامان) ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ④ [19]. ئاللاھ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرى ھېچ نەرسىگە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ⑤. شەكسىزكى، ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [20].*

① چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ئوخشاش ئويلىنىپ بېقىشقا ۋە قايتا تەكشۈرۈشكە موھتاج ئەمەس.

② ﴿الاٰزِفَةِ﴾نىڭ مەنىسى يېقىنلاشقۇچى، يېقىن كەلگۈچى. بۇ قىيامەتنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، قىيامەتنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

③ يەنى ئۇ كۈندە قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن يۈرەك ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ. ﴿كَظِمِينَ﴾ غەم-قايغۇغا تولغان، يىغلىغان ياكى خامۇش تۇرغان دېگەندەك ئۈچ خىل مەنىگە ئىگە.

④ بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كامىل ئىلىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى،

مەيلى ئۇ چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئىنچىكە بولسۇن ياكى توم بولسۇن، مۇرەككەپ بولسۇن ياكى ئاددىي بولسۇن تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئىنسان ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىشى ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە ئۇنىڭدىن قورقۇپ تۇرۇشى لازىم. «كۆزلەرنىڭ خىيانىتى» دېگەن قاراش ھەققى بولمىغان نەرسىلەرگە ئوغرىلىقچە قاراشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: يولدا كېتىۋاتقان چىرايلىق ئاياللارغا ئوغرىلىقچە قاراش. «دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەر»نىڭ قاتارىغا ئادەمنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ۋەسۋەسىلەرمۇ كىرىدۇ. بۇ نەرسىلەر دىللاردا ۋەسۋەسە ھالىتىدە بىر دەملىك كۆڭۈلگە پەيدا بولۇپلا، يوقىلىپ كەتسە، بۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما، بۇ ۋەسۋەسە چوڭىيىپ ئىرادىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئاندىن گۇناھ بولىدۇ، گەرچە ئىنسان ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۇرسەت تاپالمىسىمۇ.

⑤ چۈنكى، ئۇ چوقۇنۇلغان نەرسىلەر ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ، نە بىر ئىش قىلىشقا قادىر ئەمەس، خەۋەرسىز ھەم ئىختىيارسىزدۇر. ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئىلىم ۋە ئىقتىدار بولۇش زۆرۈردۇر. بۇ ئىككى ئىلاھىيلىك پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا مەۋجۇتتۇر. شۇ ۋەجىدىن ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى ئاللاھقا خاستۇر. چۈنكى، ئۇ ھۆكۈم قىلسا، توغرا ۋە تەرەپسىز ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇنىڭدا دەۋاگەر تەرەپتىن قورقۇش، جاۋابكار تەرەپتىن بىر نەرسە تەمە قىلىش خاھىشى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

۞ أَوَلَمْ يَسِيرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ كَانُواْ
مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَانُواْ هُمْ أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَءَاثَارًا فِى ٱلْأَرْضِ فَأَخَذَهُمُ
ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ وَمَا كَانَ لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن وَاقٍ ﴿٢١﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانَت
تَّأْتِيهِمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَـٰتِ فَكَفَرُواْ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ ۚ إِنَّهُۥ قَوِىٌّ شَدِيدُ
ٱلْعِقَابِ ﴿٢٢﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَـٰتِنَا وَسُلْطَـٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٢٣﴾ إِلَىٰ
فِرْعَوْنَ وَهَـٰمَـٰنَ وَقَـٰرُونَ فَقَالُواْ سَـٰحِرٌ كَذَّابٌ ﴿٢٤﴾

***ئۇلار زېمىننى كېزىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار بولسا يەر يۈزىدە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە قالدۇرغان ئىزلىرى (يەنى بىناكارلىق) جەھەتتە بۇلاردىن (مەككىلىكلەردىن) كۆپ ئۈستۈن ئىدى. (ئۇلار شۇنداق كۈچلۈك بولسىمۇ) ئاللاھ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن جازالىدى، ئۇلارنى ئاللاھ (نىڭ جازاسى)دىن قوغداپ قالىدىغان ھېچكىم چىقمىدى① [21]. بۇ (ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى (ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئوپئوچۇق دەلىل ـ پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى②، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى جازالىدى. چۈنكى ئاللاھ كۈچلۈك، ئازابى قاتتىق زاتتۇر [22]. شەكسىزكى، بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز③ بىلەن ۋە ئوپئوچۇق دەلىل بىلەن پىرئەۋنگە، ھامانغا ۋە قارۇنغا ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇنى يالغانچى، سېھىرگەر دېيىشتى④ [23 ـ 24].***

① ئالدىنقى ئايەتلەردە ئىنكارچىلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى بايان قىلىنغان ئىدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەھۋالىغا قارىتا ئاگاھلاندۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۇ كىشىلەر زېمىننى كېزىپ، ھەقنى ئىنكار قىلغانلىق گۇناھى تۈپەيلى ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىگە قارىسۇن. ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭمۇ سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلسۇن. ۋەھالەنكى، ئىلگىرىكى قەۋملەر كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە بىناكارلىق جەھەتتە ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئىدى. ئاللاھنىڭ ئازابى كەلگەندە ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ھېچ ئەسقاتمىدى. شۇنىڭدەك سىلەرگىمۇ ئازاب كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئازاب كېلىپلا قالسا، سىلەرنى ھېچكىم ساقلاپ قالالمايدۇ.

② بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىدى. سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقاردى. ئەمدى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلىشى توختىدى، ئەمما ئالەم بوشلۇقىدا ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان چەكسىز ئالامەت ۋە بەلگىلەر تېپىلىدۇ، كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلىمالار ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت، دەۋەت ـ تەبلىغلىرىدىمۇ مەزكۇر دەلىل ـ پاكىتلار مەۋجۇتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇگۈنكى كۈندىمۇ كىم ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، دىن ۋە شەرىئەتتىن بىخەۋەر يۈرسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىلگىرىكى ئىنكارچىلارغا ئوخشاش بولىدۇ.

③ بۇ يەردىكى «مۆجىزىلىرىمىز» دېگەندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن توققۇز مۆجىزە ياكى ھاسا ۋە ئاپئاق قولدىن ئىبارەت چوڭ مۆجىزىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن ﴿سُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ﴾ «ئوپئوچۇق دەلىل-پاكىتلار» ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىگۈدەك ۋە رەت قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدى. بۇ دەلىل-پاكىتلارغا بېشەم ۋە تەرسا ئادەمدىن باشقا ھەركىم قايىل بولاتتى.

④ پىرئەۋن مىسىردا ياشايدىغان قىبتىيلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ناھايىتى زالىم، زومىگەر ئىدى. ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى «بۈيۈك پەرۋەردىگار» دەپ دەۋا قىلغان ئىدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق بىلەن ئېغىر جازا يۈرگۈزەتتى. قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئايەتتە بۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىندى. ھامان بولسا پىرئەۋننىڭ ۋەزىرى ۋە خاس مەسلىھەتچىسى ئىدى. قارۇن بولسا شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ باي ئادەم ئىدى. ئۇلارمۇ ئىلگىرىكى قەۋملەرگە ئوخشاش مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنى سېھىرگەر ۋە يالغانچى دېدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا يەنە بىر سۈرىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا، ئۇلار (ئۇنى ئىنكار قىلىپ): «سېھىرگەر ياكى مەجنۇن» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر-بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس) ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر﴾[.(سۈرە زارىيات 52-، 53-ئايەتلەر)

فَلَمَّا جَآءَهُم بِٱلۡحَقِّ مِنۡ عِندِنَا قَالُواْ ٱقۡتُلُوٓاْ أَبۡنَآءَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
مَعَهُۥ وَٱسۡتَحۡيُواْ نِسَآءَهُمۡۚ وَمَا كَيۡدُ ٱلۡكَٰفِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَٰلٖ ٢٥
وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ ذَرُونِيٓ أَقۡتُلۡ مُوسَىٰ وَلۡيَدۡعُ رَبَّهُۥٓۖ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن
يُبَدِّلَ دِينَكُمۡ أَوۡ أَن يُظۡهِرَ فِي ٱلۡأَرۡضِ ٱلۡفَسَادَ ٢٦

***مۇسا ئۇلارغا دەرگاھىمىزدىن ھەق (دىن)نى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار: «مۇسا بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئوغۇللىرىنى (نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈڭلار، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرۇڭلار» دېدى①. كاپىرلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى چوقۇم بەربات بولىدۇ②. [25]. پىرئەۋن ئېيتتى: «مېنى مۇسانى ئۆلتۈرگىلى قويۇڭلار③، ئۇ (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) رەببىنى چاقىرىپ باقسۇن④. مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى يەر يۈزىدە (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن ئەنسىرەيمەن»⑤ [26].***

① پىرئەۋن مۇنەججىملەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پادىشاھلىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان بالىنىڭ تۇغۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈشنى ئىلگىرىدىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ يەردىكىسى پىرئەۋنىنىڭ ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈشكە چۈشۈرگەن ئىككىنچى قېتىملىق بۇيرۇقى بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسەت مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازىنى چۈشۈرۈش، ئۇنى بىر بالا ـ قازا قىلىپ كۆرسىتىش، ئىسرائىل ئەۋلادىغا كەلگەن مۇسىبەتنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كاساپىتىدىن كەلدى، دەيدىغان بىر ئۇقۇمنى سىڭدۈرۈش ئىدى. نەتىجىدە ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ﴿سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق﴾ دېدى.

② يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ سانىنى ئازايتىش، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلىتىشتىن ئىبارەت پىرئەۋنىنىڭ رەزىل سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى، بەلكى ئاللاھ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى دېڭىزغا غەرق قىلدى. ئىسرائىل ئەۋلادىنى بەرىكەتلىك زېمىنغا ۋارىس قىلدى.

③ پىرئەۋن بۇ سۆزنى ئۆزىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان كىشىلەرگە دېگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

④ بۇ پىرئەۋنىنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، ئۇ رەببىنى چاقىرىپ باقسۇن، ئۇنى رەببى قانداق ساقلايدىكەن، قېنى بىر كۆرۈپ باقاي! يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇ ئۆزىنى «بۈيۈك رەب» دەپ دەۋا قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن مۇسا

ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببىنى ئىنكار قىلىپ، «ئۇنى ساقلايدىغان قانداق رەب ئىكەن، بىر كۆرۈپ باقاي!».

⑤ يەنى ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشتىن بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ياكى شۇ سەۋەبتىن دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشتىن قورقىمەن. دېمەك پىرئەۋن، ئەگەر مېنىڭ قەۋمىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلسا، قوبۇل قىلغانلار بىلەن قوبۇل قىلمىغانلار ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ دەپ، تەۋھىدنى قالايمىقانچىلىققا سەۋەب بولىدىغان ئامىل، تەۋھىد ئەھلىنى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغۇچى كۆرسىتىپ، ھەقىقەتنى بۇرمىلىماقچى بولدى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئۆزى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغۇچى ئىدى، ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئىبادەت قىلىش قالايمىقانچىلىقنىڭ يىلتىزى ۋە مەنبەسى ئىدى.

وَقَالَ مُوسَىٰٓ إِنِّي عُذۡتُ بِرَبِّي وَرَبِّكُم مِّن كُلِّ مُتَكَبِّرٖ لَّا يُؤۡمِنُ
بِيَوۡمِ ٱلۡحِسَابِ ٢٧ وَقَالَ رَجُلٞ مُّؤۡمِنٞ مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَكۡتُمُ
إِيمَٰنَهُۥٓ أَتَقۡتُلُونَ رَجُلًا أَن يَقُولَ رَبِّيَ ٱللَّهُ وَقَدۡ جَآءَكُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ
مِن رَّبِّكُمۡۖ وَإِن يَكُ كَٰذِبٗا فَعَلَيۡهِ كَذِبُهُۥۖ وَإِن يَكُ صَادِقٗا
يُصِبۡكُم بَعۡضُ ٱلَّذِي يَعِدُكُمۡۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي مَنۡ هُوَ مُسۡرِفٞ
كَذَّابٞ ٢٨

*مۇسا ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىم، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار (بولغان ئاللاھ)غا سىغىنىپ، ھېساب بېرىدىغان كۈنگە ئىشەنمەيدىغان ھەربىر مۇتەكەببىر(نىڭ زىيانكەشلىكى)دىن پاناھ تىلەيمەن»① [27]. پىرئەۋن جەمەتىدىن بولۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۇئمىن ئادەم ئېيتتى: «سىلەر بىر ئادەمنى ‹رەببىم ئاللاھتۇر› دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرەمسىلەر؟② ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە رەببىڭلاردىن (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ (پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا) يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، ئەگەر ئۇ*

***راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ③. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ④ [28].***

① مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەن چاغدا، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىدى ۋە دۇئا قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقسا، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! بىز ھەقىقەتەن سەن بىلەن ئۇلاردىن قوغدىنىمىز، ساڭا سېغىنىپ ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمىز». (مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 415-بەت)

② يەنى ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقىغا مۇنداقلا ئىمان ئېيتقان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان روشەن دەلىللىرى بار ئادەمنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟

③ ئۇ مۇئمىن كىشى سۆزىنى سىلىقلاشتۇرۇپ دېدىكى، سىلەر ئۇنىڭ كەلتۈرگەن دەلىل-ئىسپاتلىرىغا قايىل بولمىساڭلار، ئۇنىڭ راستچىللىقى ۋە دەۋىتىنىڭ توغرىلىقى سىلەرگە ئېنىق بولمىسا، دانالىق ۋە ئېھتىيات شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى، ئۇنى ئۆز ھالى بىلەن قويۇڭلار، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەڭلار. ئەگەر ئۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا يالغانچى بولۇپ قالسا، يالغانچىلىقىغا قارىتا ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنى جازالايدۇ. ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئازار بەرسەڭلار، ئۇ ھالدا ئۇ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابلارنىڭ بىرى سىلەرگە چوقۇم كېلىپ قالىدۇ.

④ بۇنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، ئەگەر ئۇ (سىلەر دەۋا قىلغاندەك) يالغانچى بولغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا روشەن دەلىل ۋە مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلمىغان بولاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا روشەن مۆجىزىلەر بار. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۇنى خار قىلىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىشىڭلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

يَٰقَوۡمِ لَكُمُ ٱلۡمُلۡكُ ٱلۡيَوۡمَ ظَٰهِرِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَمَن يَنصُرُنَا مِنۢ

بَأْسِ ٱللَّهِ إِن جَآءَنَا ۚ قَالَ فِرْعَوْنُ مَآ أُرِيكُمْ إِلَّا مَآ أَرَىٰ وَمَآ
أَهْدِيكُمْ إِلَّا سَبِيلَ ٱلرَّشَادِ ﴿٢٩﴾ وَقَالَ ٱلَّذِىٓ ءَامَنَ يَٰقَوْمِ إِنِّىٓ أَخَافُ
عَلَيْكُم مِّثْلَ يَوْمِ ٱلْأَحْزَابِ ﴿٣٠﴾ مِثْلَ دَأْبِ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ
وَٱلَّذِينَ مِنۢ بَعْدِهِمْ ۚ وَمَا ٱللَّهُ يُرِيدُ ظُلْمًا لِّلْعِبَادِ ﴿٣١﴾ وَيَٰقَوْمِ إِنِّىٓ
أَخَافُ عَلَيْكُمْ يَوْمَ ٱلتَّنَادِ ﴿٣٢﴾

***ئى قەۋمىم! بۈگۈنكى كۈندە سىلەر (بۇ) زېمىندا غالىبلارچە سەلتەنەت سۈرۈۋاتىسىلەر①. ئەگەر بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىپ قالسا، (ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا) بىزگە كىم ياردەم قىلالايدۇ؟②». پىرئەۋن ئېيتتى: «مەن سىلەرگە پەقەت (توغرا دەپ) قارىغىنىمنى مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن ۋە سىلەرنى پەقەت توغرا يولغا يېتەكلەيمەن»③ [29]. مۇئمىن ئادەم ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! (ئەگەر سىلەر مۇساني ئۆلتۈرسەڭلار) مەن سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش (پەيغەمبەرلىرىگە قارشى) بىرلەشكەنلەر ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن④. ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ⑤ [31 ـ 30]. ئى قەۋمىم! شەكسىزكى، مەن سىلەر ئۈچۈن (كىشىلەر بىر ـ بىرىنى چاقىرىپ) نالە ـ پەرياد قىلىدىغان (قىيامەت) كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن⑥ [32].***

① يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن مىسىر زېمىنىدا سەلتەنەت ئاتا قىلىپ، غالىبلاردىن قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىڭلار. ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن غەزىپىگە دۇچار بولۇپ قالماڭلار.

② ئەگەر ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىپ قالسا، بۇ قوشۇن ۋە ئەسكەرلەر سىلەرگە ھېچقانداق ياردەم قىلالمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرالمايدۇ. بۇ بولسا تا شۇ كۈنگىچە ئىمانىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن مۇئمىن كىشىنىڭ سۆزى ئىدى.

③ پىرئەۋن ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقى ۋە شان-شەۋكىتىگە ئىشىنىپ

يالغان ئېيتتى ۋە مەن سىلەرگە نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى دەيمەن، مېنىڭ دېگىنىم توغرا، دېدى، ۋەھالەنكى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿پىرئەۋنىنىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى﴾. [(سۈرە ھۇد 97-ئايەت)

④ ھېلىقى مۆئمىن كىشى يەنە قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ دېدىكى، ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ئىنكار قىلساق، بېشىمىزغا كېلىدىغان خەتەر شۇكى، ئىلگىرىكى قەۋملەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قالىمىز.

⑤ يەنى ئاللاھ تائالا كىملەرنى ھالاك قىلغان بولسا، گۇناھتا ھەددىدىن ئاشقانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ تەلىماتىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلغان. بولمىسا، ئۇ بەندىلىرىگە ناھايىتى رەھىمدىل ۋە مېھرىبان زاتتۇر، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ. ئاللاھنىڭ قەۋملەرنى ھالاك قىلغانلىقى ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش قانۇنىنىڭ قايتۇرۇلماس ئىجراسى ۋە نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر قەۋم ۋە شەخس مۇستەسنا ئەمەس.

از مكافات عمل غافل مشو گندم از گندم بروید جو ز جو.

پارىسچە شېئىرنىڭ تەرجىمىسى: ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىغا سەل قارىمىغىن، بۇغداي ھوسۇل ئالساڭ، ئارقىدىنلا ئارپا تېرىغىن.

⑥ " تَنَادِىْ"نىڭ مەنىسى نىدا قىلماق، توۋلىماق، بىر-بىرىنى چاقىرماق دېمەكتۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ﴿يَوْمَ التَّنَادِ﴾ «چاقىرىلىدىغان كۈن» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ كۈندە كىشىلەر بىر-بىرىنى چاقىرىدۇ. دوزاخ ئەھلى ۋە ئەئرافتىكى كىشىلەر جەننەت ئەھلىنى، جەننەت ئەھلى دوزاخ ئەھلىنى چاقىرىدۇ، نىدا قىلىدۇ (سۈرە ئەئراف 48، 49-ئايەتلەردە كەلگەندەك). بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: تارازا-مىزاننىڭ يېنىدا بىر پەرىشتە تۇرىدۇ، كىمنىڭ نامە-ئەمەلى يەڭگىل كەلسە، ئۇ بەندىنىڭ شەقىي (بەختسىز) ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، نىدا قىلىدۇ، توۋلايدۇ. مۇپەسسىرلەردىن ئىمام بەغەۋىينىڭ قارىشىچە، قىيامەت كۈنى ھەر كىم قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا چاقىرىلىدۇ. مەسىلەن: جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلار، «ئى جەننەتتىيلەر!» دەپ چاقىرىلىدۇ، دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغانلار، «ئى

دوزىخىلەر!» دەپ چاقىرىلىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئىمام بەغەۋىينىڭ بۇ سۆزى ناھايىتى ئورۇنلۇق، ئۇ كۈن يۇقىرىدىكى بارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن «چاقىرىلىدىغان كۈن» دەپ ئاتالغان.

يَوۡمَ تُوَلُّونَ مُدۡبِرِينَ مَا لَكُم مِّنَ ٱللَّهِ مِنۡ عَاصِمٖۗ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٖ ﴿٣٣﴾ وَلَقَدۡ جَآءَكُمۡ يُوسُفُ مِن قَبۡلُ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَمَا زِلۡتُمۡ فِي شَكّٖ مِّمَّا جَآءَكُم بِهِۦۖ حَتَّىٰٓ إِذَا هَلَكَ قُلۡتُمۡ لَن يَبۡعَثَ ٱللَّهُ مِنۢ بَعۡدِهِۦ رَسُولٗاۚ كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ مَنۡ هُوَ مُسۡرِفٞ مُّرۡتَابٌ ﴿٣٤﴾

*ئۇ كۈندە سىلەر ئارقاڭلارغا بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولىسىلەر①، سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ»② [33]. شەكسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۇسۇف (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى③. سىلەر ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرىدىن ھەمىشە شەكلىنىش ئىچىدە بولدۇڭلار④، نىھايەت ئۇ ۋاپات بولغاندا⑤، (دەلىل - پاكىتسىزلا) «ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ» دېدىڭلار⑥. ئاللاھ (گۇناھتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىنى، (دىندا) شەكلەنگۈچىنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ»⑦ [34].*

① مەھشەر مەيدانىدىن دوزاخ تەرەپكە يۈگۈرەيسىلەر ياكى ھېساب بېرىپ بولغاندىن كېيىن مەھشەر مەيدانىدىن قاچماقچى بولىسىلەر. ئۇ يەردە قاچىدىغان پاناگاھ يوقتۇر.

② ئۇنىڭغا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىپ قويغۇچى يەنى ئاللاھتىن باشقا ھىدايەت يولىغا سالغۇچى بولمايدۇ.

③ يەنى ئى مىسىر ئەھلى! مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى سىلەر ياشاۋاتقان بۇ يۇرتقا ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى

پەيغەمبەر قىلىپ، روشەن دەلىل-پاكىتلار بىلەن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ مۇشۇ زېمىندا سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋاڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان ئىدى. ﴿جَآءَكُمۡ﴾ «سىلەرگە.. كەلدى» "جَآءَ إِلَىٰٓ آبَآئِكُمْ" يەنى ئىلگىرى سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋاڭلارغا كەلدى.

④ سىلەر ئۇنىڭ دەۋىتىگىمۇ قۇلاق سالمىغان ۋە ئىمان ئېيتمىغان ئىدىڭلار، ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارىتا هامان شەكلىنىش ئىچىدە بولدۇڭلار.

⑤ ئۇ پەيغەمبەر يەنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا.

⑥ يەنى سىلەر ئادىتىڭلار بويىچە ھەربىر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپلا كەلدىڭلار. شۇ ۋەجىدىن ئەمدى پەيغەمبەر كەلمەيدۇ دەپ ئويلىدىڭلار. يەنە بىر مەنىسى: پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى ياكى كەلمەسلىكى سىلەر ئۈچۈن بەرىبىر، ياكى يەنە بىر مەنىسى: ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىگە مۇشەررەپ بولغان بۇ قەدەر بۈيۈك ئىنسان ئەمدى تۇغۇلمايدۇ، دېدىڭلار. بۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەدرىنى ۋە بۈيۈكلۈكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. كۆپىنچە ئادەملەر، ئەڭ مۇھىم كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا قەدرىنى بىلىپ، شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇ.

⑦ يەنى سىلەر ئوچۇق ئازغۇنلۇقتا مۇپتىلا بولغانىدەك، ناھايىتى كۆپ گۇناھ قىلىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، دىنىغا، ئاگاھلاندۇرۇشىغا، ۋەدىلىرىگە شەك قىلىدىغان ئادەمنى ئاللاھ تائالا شۇنداق ئازدۇرىدۇ.

ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡۖ كَبُرَ مَقۡتًا
عِندَ ٱللَّهِ وَعِندَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ كَذَٰلِكَ يَطۡبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ قَلۡبِ
مُتَكَبِّرٖ جَبَّارٖ ٣٥ وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ يَٰهَٰمَٰنُ ٱبۡنِ لِي صَرۡحٗا لَّعَلِّيٓ أَبۡلُغُ
ٱلۡأَسۡبَٰبَ ٣٦ أَسۡبَٰبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ فَأَطَّلِعَ إِلَىٰٓ إِلَٰهِ مُوسَىٰ وَإِنِّي لَأَظُنُّهُۥ
كَٰذِبٗاۚ وَكَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِفِرۡعَوۡنَ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ وَصُدَّ عَنِ ٱلسَّبِيلِۚ
وَمَا كَيۡدُ فِرۡعَوۡنَ إِلَّا فِي تَبَابٖ ٣٧

***ئۆزلىرىگە ھېچقانداق دەلىل كەلمىگەن تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى***

*ئۈستىدە (قارىسىغا) دەتالاش قىلىدىغانلار① ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆئمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ②، ھەرقانداق مۇتەكەببىر ۋە زومىگەرنىڭ دىلىنى ئاللاھ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ③ [35]. پىرئەۋن: «ئى ھامان! سەن ماڭا بىر ئېگىز بىنا (يەنى مۇنار) ياساتقىن (ياسىتىپ بەرگىن④)، مەن (ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ) دەرۋازىلارغا ــ ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا ئۇلىشىپ، مۇسانىڭ ئىلاھىغا قاراپ باقاي⑤، مەن مۇسانى (بىزنىڭ رەببىمىز بار دېگەن دەۋاسىدا) چوقۇم يالغانچى دەپ ئويلايمەن»⑥ دېدى. پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يامان ئەمەلى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى⑦، ئۇ (ھىدايەت) يولىدىن توسۇپ قويۇلدى⑧، پىرئەۋننىڭ ھىيلە ـ مىكرى (تۇزاقلىرى) پۈتۈنلەي بەربات بولدى⑨ [36 ـ 37].*

① يەنى قولىرىدا ئاللاھ نازىل قىلغان ھېچبىر دەلىل-ئىسپات بولماستىن، ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە ئەھكاملىرى ھەققىدە قارىسىغا تالاش-تارتىش قىلىدىغانلار مۆئمىنلەرنىڭ نەپرىتىگە قالىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ھەر دەۋردىكى باتىل گۇرۇھنىڭ ئادىتى شۇنداق بولۇپ كەلگەن.

② ئۇلارنىڭ بۇ نامۇۋاپىق قىلمىشىدىن ئاللاھ تائالا نارازى بولغاندەك، مۆئمىنلەرمۇ قاتتىق نارازى بولىدۇ.

③ ئەنە شۇنداق قارىسىغا دەتالاش قىلىدىغانلارنىڭ دىلى پېچەتلىۋېتىلگەندەك، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلغان ۋە ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىلى پېچەتلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم ياخشىلىقنى تونۇمايدىغان، يامانلىقنى كۆرسە ئىنكار قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا گاھىدا ئۇنىڭ كۆزىگە ياخشىلىق يامانلىقتەك، يامانلىق ياخشىلىقتەك كۆرۈنىدۇ.

④ بۇ ئايەتتە پىرئەۋننىڭ ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. پىرئەۋن ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا يەتمەكچى بولۇپ، ۋەزىرى ھامانىنى ناھايىتى ئېگىز بىر مۇنار سېلىشقا بۇيرۇدى. ﴿أَسْبَابَ﴾نىڭ مەنىسى ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ياكى ئاسماننىڭ يوللىرى دېگەن بولىدۇ. تەپسىلاتى سۇرە قەسەس 28-ئايەتتە بايان قىلىندى.

⑤ يەنى ئاسمانلاردا راستىنلا بىرەر ئىلاھ بارمۇ، كۆرۈپ باقاي.

⑥ چۈنكى، مەن مۇسانى، «ئاسمان-زېمىننى يارانقۇچى ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ئاللاھ ئاسماندا» دېگەن سۆزىدە چوقۇم يالغانچى دەپ ئويلايمەن. يەنە بىرى مەنىسى، مەن ئۇنىڭ «مەن ئاللاھ ئەۋەتكەن ئەلچى» دېگەن سۆزىدە چوقۇم يالغانچى دەپ ئويلايمەن.

⑦ يەنى شەيتان ئۇنى ئەنە شۇنداق گۇمراھلىق يولىغا باشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشى ئۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ تۇردى.

⑧ يەنى ھەقتىن ۋە توغرا يولدىن مەنئى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇمراھلىق كوچىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈردى.

⑨ ﴿تَبَابٍ﴾ بەربات، زىيان، ھالاكەت مەنىسىدە. يەنى پىرئەۋن تۈزگەن پىلان، تۇزاق ۋە ھىيلە-مىكىرنىڭ نەتىجىسى يامان بولدى، چوڭ زىيان ئېلىپ كەلدى. ئاخىر ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە سۇغا غەرق بولدى.

وَقَالَ ٱلَّذِىٓ ءَامَنَ يَٰقَوْمِ ٱتَّبِعُونِ أَهْدِكُمْ سَبِيلَ ٱلرَّشَادِ ﴿٣٨﴾ يَٰقَوْمِ
إِنَّمَا هَٰذِهِ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا مَتَٰعٌ وَإِنَّ ٱلْءَاخِرَةَ هِىَ دَارُ ٱلْقَرَارِ ﴿٣٩﴾ مَنْ
عَمِلَ سَيِّئَةً فَلَا يُجْزَىٰٓ إِلَّا مِثْلَهَا ۖ وَمَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ
أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُو۟لَٰٓئِكَ يَدْخُلُونَ ٱلْجَنَّةَ يُرْزَقُونَ فِيهَا بِغَيْرِ
حِسَابٍ ﴿٤٠﴾ ۞ وَيَٰقَوْمِ مَا لِىٓ أَدْعُوكُمْ إِلَى ٱلنَّجَوٰةِ وَتَدْعُونَنِىٓ إِلَى
ٱلنَّارِ ﴿٤١﴾

*(پىرئەۋن خاندانىدىن) ئىمان ئېيتقان ھېلىقى كىشى مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن① [38]. ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر②، ئاخىرەت بولسا ئۇ (ھەقىقىي ھەم مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر③ [39]. كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا*

***لايىق جازا بېرىلىدۇ④، مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۆئمىن بولغان ھالدا بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ⑤، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ⑥ [40]. ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنى (دوزاختىن) نىجاتلىققا دەۋەت قىلىۋاتسام⑦، سىلەرنىڭ مېنى دوزاخقا چاقىرىۋاتقىنىڭلار قانداق بولغىنى؟⑧ [41].***

① بۇ پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن ئىمان ئېيتقان ھېلىقى كىشىنىڭ سۆزى ئىدى. يەنى پىرئەۋنمۇ مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن دەپ دەۋا قىلىدۇ، لېكىن ھەقىقەت شۇكى، ئۇ ئازغۇنلۇقتىدۇر. مەن سىلەرنى چاقىرىۋاتقان يول توغرا يولدۇر. بۇ دەل مۇسا ئەلەيھىسسالام سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان يولدۇر.

② يەنى دۇنيا ھاياتى ۋاقىتلىق بولۇپ، پات يېقىندا تۈگەيدۇ. دۇنيا ھاياتى ئاخىرەت ھاياتىغا سېلىشتۇرغاندا خۇددى ئەتىگەن ياكى ئاخشامدىكى بىر سائەتلىك ۋاقىتتۇر.

③ ئاخىرەت ھاياتى مەڭگۈلۈكتۇر، ئۇ ھەرگىز تۈگىمەيدۇ، ئۇ ئەبەدىي تۇرالغۇدىن كۆچۈش ۋە يۆتكىلىش يوقتۇر. ئاخىرەتتە بەزىلەر جەننەتكە كىرىدۇ، بەزىلەر دوزاخقا كىرىدۇ. بۇ ئىككى قارارگاھتىكى ھايات ئەبەدىي بولىدۇ. بىرىدە راھەت-پاراغەتلىك ھايات، يەنە بىرىدە ئازاب-ئوقۇبەتكە تولغان قاباھەتلىك ھايات بولىدۇ. نە جەننەتتىكىلەرگە، نە دوزاختىكىلەرگە ئۆلۈم كەلمەيدۇ.

④ يەنى بىر يامانلىققا بىر جازا بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېرىلمەيدۇ، قىلمىشىغا يارىشا ئازاب بولىدۇ. جازا ئادالەت ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

⑤ يەنى كىمنىڭ ئىمانى بولسا ۋە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ بولسا، ئاندىن جەننەتكە كىرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ياخشى ئەمەللىرى بولۇپ، ئىمانى بولمىسا ياكى ئىمانى بولۇپ، ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېتىبارى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېتىبارغا ئېلىنىش ئۈچۈن، ئىمان بىلەن بىرگە ياخشى ئەمەل ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن بىرگە ئىمان بولۇش زۆرۈردۇر.

⑥ يەنى نېمەتلەر ئەمەلگە يارىشا ئۆلچەپ بېرىلمەيدۇ، بەلكى ھېسابلىغىلى ۋە ئۆلچىگىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە كۆپ بېرىلىدۇ. بۇ نېمەتلەر تۈگەپ كېتەرمۇ دەپ ئەندىشە قىلىشقا ئورۇنمۇ قالمايدۇ.

⑦ يەنى مەن سىلەرنى نىجاتلىق يولىغا چاقىرىۋاتىمەن. ئۇ يول بولسا، ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتۇر ۋە سىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنى تەستىق قىلىشتۇر.

⑧ يەنى سىلەر بولساڭلار مېنى تەۋھىدكە چاقىرماستىن، دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان شېرىك ئەمەلگە چاقىرىۋاتىسىلەرغۇ؟ بۇ نۇقتا تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئىزاھلىنىدۇ.

تَدۡعُونَنِي لِأَكۡفُرَ بِٱللَّهِ وَأُشۡرِكَ بِهِۦ مَا لَيۡسَ لِي بِهِۦ عِلۡمٞ وَأَنَا۠ أَدۡعُوكُمۡ إِلَى ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡغَفَّٰرِ ﴿٤٢﴾ لَا جَرَمَ أَنَّمَا تَدۡعُونَنِيٓ إِلَيۡهِ لَيۡسَ لَهُۥ دَعۡوَةٞ فِي ٱلدُّنۡيَا وَلَا فِي ٱلۡأٓخِرَةِ وَأَنَّ مَرَدَّنَآ إِلَى ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ هُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ ﴿٤٣﴾

***سىلەر مېنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىۋاتىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ئاللاھ (نىڭ يولى) غا دەۋەت قىلىۋاتىمەن① [42]. ھەقىقەت شۇكى②، سىلەر مېنى (چوقۇنۇشقا) چاقىرىۋاتقان نەرسىلەر نە دۇنيادا③، نە ئاخىرەتتە④ چاقىرىلىشقا لايىق ئەمەستۇر. شەكسىزكى، بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر⑤. (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار چوقۇم دوزاخ ئەھلىدۇر⑥ [43].***

① يەنى مەن سىلەرنى ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىۋاتقان ئاللاھ ﴿عَزِيزِ﴾ ھەممىدىن غالىب، كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ۋە ئۇلارنى ئازابلاشقا قادىردۇر. ﴿غَفَّارِ﴾ ھەممىدىن ئۇلۇغ تورۇقلۇق تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ياپقۇچىدۇر.

سىلەر مېنى ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىۋاتقان نەرسىلەر بولسا ئەرزىمەس، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، نە ئاڭلىيالمايدىغان، نە سۆزگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلاردۇر. ئۇلار بىر كىمگە نە پايدا يەتكۈزۈشكە، نە زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەستۇر.

② ﴿لَا جَرَمَ﴾نىڭ مەنىسى بۇ شەكسىز ھەقىقەت، ئۇنىڭدا ھېچ يالغان يوقتۇر، دېگەن بولىدۇ.

***③ يەنى ئۇ نەرسىلەردە بىراۋنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىيالغۇدەك ۋە پايدا يەتكۈزەلىگۇدەك ئىقتىدار يوق ياكى ئۇلار ئىلاھلىققا لايىق ئەمەستۇر. بۇ ئايەتكە ئۇقۇم جەھەتتىن يېقىن بولغان ئايەتلەردە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دۇئا قىلغانلىقىدىن خەۋەرسىزدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلارغا دۈشمەن بولىدۇ، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن چوقۇنۇلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[.(سۈرە ئەھقاف 5 ـ، 6 ـ ئايەتلەر) ﴿ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ﴾[.(سۈرە فاتىر 14ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)***

④ يەنى دۇنيادا پايدا يەتكۈزەلمىگەن نەرسىلەر ئاخىرەتتە چاقىرىقنى ئاڭلاپ، بىر كىمنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياكى شاپائەت قىلىشقا قادىر بولامدۇ؟ بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ يارىمايدىغان نەرسىلەر مەبۇد بولۇشقا ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا ئەرزىمدۇ؟

⑤ ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا ھەر بىرىمىزدىن ئايرىم-ئايرىم ھېساب ئالىدۇ ۋە قىلغان ئەمەلىمىزگە قارىتا جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ.

⑥ يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار دوزاخقا كىرىدۇ. شۇنىڭدەك گۇناھنى كۆپ قىلىپ، «ھەددىدىن ئاشقان» مۇسۇلمانلارمۇ مەلۇم مۇددەت دوزاختا ئازابلىنىدۇ. ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى ياكى ئاللاھنىڭ

ئىرادىسى بىلەن دوزاختىن چىقىرىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ.

فَسَتَذۡكُرُونَ مَآ أَقُولُ لَكُمۡۚ وَأُفَوِّضُ أَمۡرِيٓ إِلَى ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَصِيرُۢ
بِٱلۡعِبَادِ ﴿٤٤﴾ فَوَقَىٰهُ ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِ مَا مَكَرُواْۖ وَحَاقَ بِـَٔالِ فِرۡعَوۡنَ سُوٓءُ
ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٥﴾ ٱلنَّارُ يُعۡرَضُونَ عَلَيۡهَا غُدُوّٗا وَعَشِيّٗاۚ وَيَوۡمَ تَقُومُ
ٱلسَّاعَةُ أَدۡخِلُوٓاْ ءَالَ فِرۡعَوۡنَ أَشَدَّ ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٦﴾

***سىلەر پات ئارىدا مېنىڭ سىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئەسلەيسىلەر①، مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن②، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»③ [44]. ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى④. پىرئەۋن تەۋەلىرىنى بولسا ئازابنىڭ ئەڭ يامىنى قورشىۋالدى⑤ [45]. ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ⑥، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە بولسا: «پىرئەۋن تەۋەلىرىنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرگۈزۈڭلار!» (دەپ ئەمر قىلىنىدۇ)⑦ [46].***

① يېقىن كەلگۈسىدە سىلەرگە قىلغان سۆزلىرىمنىڭ راستلىقىنى بىلىسىلەر، مەن سىلەرنى توسقان نەرسىنىڭ قاباھەتلىك ئاقىۋىتى سىلەرگە ئايان بولىدۇ، ئاندىن پۇشايمان قىلىسىلەر، ئەپسۇسكى ئۇ ۋاقىتتا قىلغان پۇشايمان ھېچ پايدا بەرمەيدۇ.

② يەنى مەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىمەن، بارلىق ئىشىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىمەن، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭدىن ياردەم سورايمەن، سىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىمنى ئېلان قىلىمەن.

③ ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنى ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىدۇ. ھىدايەتكە لايىق بولغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ، گۇمراھلىققا لايىق بولغانلارنى گۇمراھ قىلىدۇ. بۇ ئىشلاردىكى ھېكمەتنى ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ.

④ يەنى بۇ مۆئمىن كىشىنىڭ قەۋمى بولغان قىبتىيلار ئۇنىڭ ھەقنى ئىزھار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارشى سۇيىقەست قىلماقچى

بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلدى. ئۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە نىجاتلىققا ئېرىشتۈردى. ئاخىرەتتە بولسا، ئۇنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ.

⑤ يەنى پىرئەۋن تەۋەلىرى دۇنيادا دېڭىزغا غەرق قىلىندى، ئاخىرەتتە بولسا، ئۇلار ئۇچۇن جەھەننەمدە قاتتىق ئازاب بولىدۇ.

⑥ بەرزەخ ئالەمدە يەنى قەبرىلەردە ئۇلار ئەتىگىنى-ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئايەت قەبرىدە ئازاب بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىلدۇر. بۇنى بەزى كىشىلەر ئىنكار قىلىدۇ. قەبرىدە ئازاب بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلغان ھەدىسلەر بار. مەسىلەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۈبھىسىزكى، قەبرە ئازابى بەرھەقتۇر» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 1372-ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلسە، ئەتىگىنى-ئاخشىمى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى توغرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولسا، جەننەتتىكى ئورنى توغرىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولسا، دوزاختىكى ئورنى توغرىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا: بۇ سېنىڭ ئورنۇڭدۇر، قىيامەت كۈنى ئاللاھ سېنى مۇشۇ ئورۇنغا ئەۋەتىدۇ، دېيىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 1379-ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 2866-ھەدىس) دېمەك قەبرە ئازابىنى ئىنكار قىلىدىغانلار قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روشەن بايانلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلاردۇر.

⑦ بۇنىڭدىن ئېنىقكى، ئۇلار يەنى ئاياق بولۇپ، ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرۇش ئەتىگىنى-ئاخشىمى قىيامەتتىن بۇرۇن بولىدۇ. قىيامەتتىن بۇرۇنقى جاي ئالەمى بەرزەخ يەنى قەبرىدۇر. قىيامەت كۈنى بولغاندا ئۇلار قەبرىلەردىن چىقىرىلىپ، قاتتىق ئازاب بولىدىغان دوزاخقا تاشلىنىدۇ. «پىرئەۋن تەۋەلىرى» دېگەندە پىرئەۋن، ئۇنىڭ قەۋمى ۋە بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بىر كىم: بىز ئۆلۈكنىڭ قەبرىدە خاتىرجەم ياتقانلىقىنى كۆرىمىز، ئەگەر ئازابلىنىدىغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە كۆرمىگەن بولاتتۇق، دېسە، بۇ بىھۇدە سۆزدۇر. چۈنكى، ئازابنىڭ بىزگە كۆرۈنۈشى زۆرۈر ئەمەس، ئاللاھ ھەر خىل شەكىلدە ئازابلاشقا قادىردۇر. مەسىلەن: ئۇخلاۋاتقان بىر كىشى چۈشىدە ناھايىتى قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى كۆرۈپ، قاتتىق قىينىلىۋاتقان ۋە بىئارام

بولۇۋاتقان بولسا، ئۇ كىشىگە قاراپ تۇرىۋاتقانلار ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ، بىراق ئۇ چۈشىدە قاتتىق بىئارام بولۇۋاتقان بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇپمۇ يەنە قەبرە ئازابىنى ئىنكار قىلىش پەقەت جاھىللىق ۋە تەكەببۇرلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەتتا ئىنسان ئويغاق ۋاقتىدىمۇ بىر يېرى ئاغرىسا، ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ئاغرىق زاھىر بولمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ تىترەپ، قىززىپ، تولغىنىشلىرى كۆزگە كۆرۈنىدۇ. بۇمۇ پەقەت ئۇ تىترەپ، تەرلەپ، قىززىپ، تولغانسا ئاندىن مەلۇم بولىدۇ، بولمىسا، ئاغرىقنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ.

وَإِذۡ يَتَحَآجُّونَ فِي ٱلنَّارِ فَيَقُولُ ٱلضُّعَفَٰٓؤُاْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا
كُنَّا لَكُمۡ تَبَعٗا فَهَلۡ أَنتُم مُّغۡنُونَ عَنَّا نَصِيبٗا مِّنَ ٱلنَّارِ ٤٧
قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا كُلّٞ فِيهَآ إِنَّ ٱللَّهَ قَدۡ حَكَمَ بَيۡنَ
ٱلۡعِبَادِ ٤٨ وَقَالَ ٱلَّذِينَ فِي ٱلنَّارِ لِخَزَنَةِ جَهَنَّمَ ٱدۡعُواْ رَبَّكُمۡ
يُخَفِّفۡ عَنَّا يَوۡمٗا مِّنَ ٱلۡعَذَابِ ٤٩ قَالُوٓاْ أَوَلَمۡ تَكُ تَأۡتِيكُمۡ
رُسُلُكُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ قَالُواْ بَلَىٰۚ قَالُواْ فَٱدۡعُواْۗ وَمَا دُعَٰٓؤُاْ ٱلۡكَٰفِرِينَ
إِلَّا فِي ضَلَٰلٍ ٥٠

***ئۇ چاغدا ئۇلار دوزاختا ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ، ئاجىزلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ھاكاۋۇر باشلامچىلىرىغا: «بىز راستتىنلا سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق، بىزدىن دوزاخ ئازابىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ [47]. ھاكاۋۇر باشلامچىلار: «(ھازىر) ھەممىمىز دوزاختىمىز، ئاللاھ ئەلۋەتتە بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولدى» دەيدۇ [48]. دوزاختىكىلەر دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرگە: «سىلەر رەببىڭلارغا دۇئا قىلساڭلار، ئۇ بىزدىن ئازابنى بىر كۈنلۈك بولسىمۇ يېنىكلىتىپ بەرگەن بولسىكەن» دەيدۇ [49]. پەرىشتىلەر: «پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى كاپىرلار): «ھەئە (ئەلۋەتتە ئېلىپ كەلگەن ئىدى)» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «ئۇنداق بولسا***

*(ئۆزۈڭلار) دۇئا قىلىڭلار» دەيدۇ①. ھالبۇكى، كاپىرلارنىڭ دۇئاسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ② [50].*

① بىز سىلەردەك، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى دەلىل-ئىسپات ۋە مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ياشىغان كىشىلەر ھەققىدە ئاللاھ تائالاغا نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟

② يەنى ئاخىرى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. لېكىن ئۇ يەردە قىلغان پەريادىنىڭ ھېچ ئۇنۇمى بولمايدۇ. چۈنكى، دۇنيادا ئۇلارغا دەلىل-ئىسپات تۇرغۇزۇلۇپ بولغان. ئەمدى ئاخىرەت بولسا، ئىمان، تەۋبە، ئەمەل قىلىدىغان جاي ئەمەس، ئۇ دېگەن دارۇلجازا جازالىنىدىغان ياكى مۇكاپاتلىنىدىغان، دۇنيادا قىلغان-ئەتكەننىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغان جايدۇر.

إِنَّا لَنَنصُرُ رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَيَوۡمَ يَقُومُ ٱلۡأَشۡهَٰدُ ﴿٥١﴾ يَوۡمَ لَا يَنفَعُ ٱلظَّٰلِمِينَ مَعۡذِرَتُهُمۡۖ وَلَهُمُ ٱللَّعۡنَةُ وَلَهُمۡ سُوٓءُ ٱلدَّارِ ﴿٥٢﴾ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡهُدَىٰ

*شەك - شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە ۋە مۇئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا① ھەم (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار② ھازىر بولىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز [51]. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىسى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ، ئۇلار (دوزاختىن ئىبارەت) يامان جايغا تاشلىنىدۇ③ [52]. شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا ھىدايەت (كىتابىنى) ئاتا قىلدۇق④*

① يەنى بىز چوقۇم ئىمان ئېيتقانلارنى ئەزىز ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى خار قىلىمىز. بەزىلەرنىڭ كاللىسىغا مۇنداق خىيال كېلىشى مۇمكىنكى، بىر قىسىم پەيغەمبەرلەر ئۆلتۈرۈلدى. مەسىلەن: يەھيا ۋە

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى. بەزى پەيغەمبەرلەر ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭ ساھابىلىرى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) يۇرت-ماكان، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىش ۋەدىسى بار تۇرۇپ، نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئەسلىدە بۇ ۋەدە كۆپ ھاللاردا ئەمەلگە ئاشقان. بۇ يەردە ئەنە شۇ كۆپ قېتىم بېرىلگەن غەلىبە-نۇسرەتلەرگە ئاساسەن شۇنداق دېيىلگەن. قىسمەن ھاللاردا بەزى كىشىلەر ئۈستىدىن كاپىرلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئۇنىڭغا زىت كەلمەيدۇ. گاھىدا ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمەت ۋە ئىرادىسى بويىچە كاپىرلارغا ۋاقىتلىق غەلىبە ئاتا قىلىدۇ. ئەمما، ئاخىرقى غەلىبە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. پەقەت مۇئمىنلەرلا ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىپ خۇشاللىققا چۆمىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا يەھيا ۋە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالاملارنى ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى مۇسەللەت قىلدى. دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ قانلىرىنى سەلدەك ئاقتۇردى ۋە ئۇلارنى قاتتىق خورلىدى. ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان يەھۇدىيلار ئۈستىدىن رىملىقلارغا شۇنداق غەلىبە ئاتا قىلدىكى، رىملىقلار ئۇلارغا ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ تەمىنى تازا تېتىتتى. ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئىدى، ئەمما كېيىنكى كۈنلەردە بەدرى غازىتى، ئوھۇد غازىتى، خەندەك غازىتى، خەيبەر غازاتلىرىدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلىش بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن مەككىنى پەتھى قىلىپ بېرىش بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلدى. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە دۇنيا ھاياتىدا ياردەم بېرىدىغانلىقىنىڭ پاكىتلىرىدۇر. مۇشۇ تارىخىي پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ يەنە ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن شەكلىنىشكە ئورۇن قالامدۇ؟ (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەر ۋە پەيغەمبەرلەر گۇۋاھلىق بېرىدۇ. پەرىشتىلەر شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئى ئاللاھ! پەيغەمبەرلەر سېنىڭ پەرمانىڭنى يەتكۈزدى، ئەمما ئۇممەتلىرى ئۇلارنى ئىنكار قىلدى. يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۇممىتىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئىلگىرىكى ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك. بۇ

يەردىكى ﴿اَشْهَادُ﴾ " شَهِيْدٌ " (گۇۋاھچى)نىڭ كۆپلۈك شەكلى، خۇددى "شَرِيْفٌ"نىڭ كۆپلۈكى " أَشْرَافٌ " بولغاندەك. شۇ ۋەجىدىن قىيامەت كۈنى «گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈن» دەپ ئاتالدى. ئۇ كۈندە مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىش دېگەن ئۇلارنى ياخشى ئەمەللىرىگە ئاساسەن مۇكاپاتلاش ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.

③ يەنى كاپىرلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىپ، لەنەتكە ردىلەردىن بولىدۇ. ئۆزرىنىڭ پايدىسى بولماسلىقى شۇ ۋەجىدىنكى، ئۇ ئۆزرە بايان قىلىدىغان جاي ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى ئىناۋەتسىز ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ.

④ يەنى پەيغەمبەرلىك ۋە تەۋرات ئاتا قىلدۇق. يەنە بىر ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك: ﴿بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار﴾. سۈرە مائىدە 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

وَأَوۡرَثۡنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡكِتَٰبَ ٥٣ هُدٗى وَذِكۡرَىٰ لِأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٥٤
فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَٱسۡتَغۡفِرۡ لِذَنۢبِكَ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ
بِٱلۡعَشِيِّ وَٱلۡإِبۡكَٰرِ ٥٥ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ
سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡ إِن فِي صُدُورِهِمۡ إِلَّا كِبۡرٞ مَّا هُم بِبَٰلِغِيهِۚ فَٱسۡتَعِذۡ
بِٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ٥٦ لَخَلۡقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ
أَكۡبَرُ مِنۡ خَلۡقِ ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٥٧

*ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ھىدايەت ۋە نەسىھەت① بولغان شۇ كىتابقا (يەنى تەۋراتقا) ۋارىس قىلدۇق② [54 ـ 53]. (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن، ئاللاھنىڭ (ساڭا ۋە سېنىڭ تەۋەلىرىڭگە ياردەم بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدىسى ھەقتۇر، گۇناھىڭغا③ ئىستىغپار ئېيتقىن، ئاخشىمى ـ ئەتىگىنى④ رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن [55]. شۈبھىسىزكى، ئۆزىگە ھېچقانداق بىر دەلىل كەلمىگەن تۇرۇقلۇق،*

*ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا (قارىسىغا) دەتالاش قىلىدىغانلارنىڭ كۆڭلىدە كىبىردىن (يەنى ساڭا ئۈستۈن كېلىش ھەۋىسىدىن) باشقا نەرسە يوقتۇر. ئۇلار بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ⑤. سەن ئاللاھقا سىغىنىپ (ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [56]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن چوڭ ئىشتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ⑥ [57].*

① ﴿ هُدًى وَّذِكْرٰى﴾ بۇ ئىككى كەلىمە سۆزنىڭ تومۇرى بولۇپ، ھالەتنىڭ ئورنىغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن زەۋەرلىك ئوقۇلغان، ھىدايەت بەرگۈچى ۋە نەسىھەت قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. «ئەقىل ئىگىلىرى» دېگەندىن ساغلام ئەقىلگە ئىگە كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئەنە شۇلار ساماۋى كىتابلاردىن توغرا شەكىلدە پايدىلىنىدۇ ۋە نەسىھەت ھاسىل قىلىدۇ. باشقىلار بولسا ئۈستىگە كىتاب يۈكى ئارتىلغان ئېشەكلەرگە ئوخشاش، كىتابلارنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەيدۇ.

② يەنى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا مىراس بولۇپ قالدى، بىر ئەۋلاتتىن كېيىن يەنە بىر ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ داۋام قىلدى. ياكى بۇ يەردىكى «كىتاب» دېگەندىن ئىسرائىل ئەۋلادى پەيغەمبەرلىرىگە نازىل بولغان بارلىق كىتابلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئۇ كىتابلارغا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ۋارىس قىلدۇق»، دېگەن بولىدۇ.

③ بۇ يەردىكى «گۇناھ»تىن ئىنسانچىلىقتا سادىر بولۇپ قالىدىغان بىر قىسىم كىچىك گۇناھلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنى تۈزەشمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ. ياكى مەغپىرەت تەلەپ قىلىشمۇ بىر ئىبادەت ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، كۆپ ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىشقا ئەمر قىلىنغان ياكى ئۇنىڭدىن ئۈممەتنى ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرۇشقا يېتەكلەش مەقسەت قىلىنغان.

④ ﴿عَشِيّ﴾ كۈندۈز ئاياغلىشىپ، كېچە باشلانغان چاغنى كۆرسىتىدۇ. ﴿اِبْكَارِ﴾ كېچە ئاياغلىشىپ، كۈندۈز باشلانغان چاغنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ ھېچبىر ساماۋى دەلىلگە ئاساسلانماستىن دەتالاش قىلىشىدىغانلار

پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىنلا شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشى بىلەن ھەقنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە باتىلنى كۈچلەندۈرۈشنى كۆزلەيدۇ، ئەمما ئۇلار كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

⑥ يەنى ئۇنداقتا ئۇلار نېمىشقا ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ؟ ۋەھالەنكى، بۇ ئىش ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتىن كۆپ ئاسان تۇرسا.

وَمَا يَسْتَوِي ٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْبَصِيرُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
وَلَا ٱلْمُسِيٓءُۚ قَلِيلًا مَّا تَتَذَكَّرُونَ ﴿٥٨﴾ إِنَّ ٱلسَّاعَةَ لَأٓتِيَةٌ لَّا رَيْبَ
فِيهَا وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٥٩﴾ وَقَالَ رَبُّكُمُ ٱدْعُونِيٓ
أَسْتَجِبْ لَكُمْۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ
جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ ﴿٦٠﴾

***كور بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم (يەنى مۇئمىن بىلەن كاپىر) باراۋەر بولمايدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە (شۇ ئىمانغا لايىق) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەملەر بىلەن يامان ئىش قىلغان ئادەملەر باراۋەر بولمايدۇ①. سىلەر ناھايىتى ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر [58]. قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭدا شەك يوق، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى، قىيامەت كۈنى بېرىلىدىغان مۇكاپات بىلەن جازانى ئىنكار قىلىدۇ) [59]. رەببىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن (يەنى تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)②. شەكسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»③ [60].***

① دېمەك خۇددى كۆزى كۆرمەيدىغان ئەما بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولمىغىنىدەك، مۇئمىن بىلەن كاپىر، ياخشى بىلەن يامان باراۋەر بولمايدۇ. ھەتتا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭ پەرق بولىدۇ. بۇ پەرق ھەممىگە ئايان بولىدۇ.

② ئالدىنقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدى، ئەمدى بۇ ئايەتتە ئىنساننىڭ ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن كۆرسەتمە بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئايەتتىكى «دۇئا»دىن كۆپىنچە مۇپەسسىرلەر ئىبادەت مەقسەت قىلىنغان دەيدۇ، يەنى ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار. مەسىلەن: ھەدىستىمۇ «دۇئا بولسا ئىبادەت، ھەتتا ئىبادەتنىڭ مېغىزى» دەپ ئاتالغان. (مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 271-بەت ) دۇئا بۇيرۇقىدىن كېيىن كەلگەن ﴿يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِي﴾ ﴿مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار﴾ دېگەن ئىبارىدىنمۇ يۇقىرىدىكى دۇئادىن ئىبادەت مەقسەت قىلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «دۇئا» دېگەندىن دۇئا-تىلەك مەقسەت قىلىنىدۇ يەنى ئاللاھتىن ياخشىلىقىقا يەتكۈزۈشنى سوراش ۋە يامانلىقتىن پاناھ تىلەشنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى دۇئانىڭ لۇغەتتىكى ۋە شەرىئەتتىكى ھەقىقىي مەنىسىمۇ تىلەش ۋە تەلەپ قىلىشتۇر. ئىككىنچى بىر مەنىدە ئىشلىتىلگىنى ئۇنىڭ كۆچمە مەنىسى بولىدۇ. يەنە دۇئا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئېتىبارى بىلەن مەزكۇر ھەدىستىكى مەنىسىگە ئاساسەن يەنىلا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سەۋەبتىن تاشقىرى نەرسىلەرنى ئىنساندىن سوراش ۋە تىلەش ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىق بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) دېمەك ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا ئاللاھتىن باشقا بىرىدىن ھاجەت راۋا قىلىشنى سوراش، دۇئا قىلىش ۋە مەدەت تىلەش جايىز ئەمەس. چۈنكى، سەۋەبتىن تاشقىرى ھاجەتنى كىمدىن تىلىسە، شۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلىش جايىز ئەمەس.

③ مانا بۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ياكى ئۇنىڭغا باشقىلارنى شېرىك قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

ٱللَّهُ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ لِتَسۡكُنُواْ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبۡصِرًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ
لَذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشۡكُرُونَ ﴿٦١﴾
ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ خَٰلِقُ كُلِّ شَيۡءٖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَأَنَّىٰ تُؤۡفَكُونَ ﴿٦٢﴾
كَذَٰلِكَ يُؤۡفَكُ ٱلَّذِينَ كَانُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ يَجۡحَدُونَ ﴿٦٣﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِي جَعَلَ
لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ قَرَارٗا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءٗ وَصَوَّرَكُمۡ فَأَحۡسَنَ صُوَرَكُمۡ

وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْۖ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ رَبُّ
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦٤﴾

***ئاللاھ (كۈندۈزدىكى ھارغىنلىقتىن) ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە كېچىنى (قاراڭغۇ) قىلىپ بەرگەن①، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن② زاتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن كەرەملىكتۇر، لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تولىسى يەنىلا شۈكۈر قىلمايدۇ③ [61]. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا) قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟④ [62] ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (ھىدايەتتىن ۋە ھەقىقەتتىن) شۇنداق بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ شۇنداق قىلغان) [63]. ئاللاھ⑤ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ⑥، ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن⑦، سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ، تۇرقۇڭلارنى چىرايلىق قىلغان⑧ ۋە سىلەرنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇرغان⑨ زاتتۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكتى كۆپتۇر [64].***

① يەنى كىشىلەر كۈندۈزدە ئېلىپ بارىدىغان تىرىكچىلىك ۋە خىزمەتنى توختىتىپ، خاتىرجەم ئارام ئالسۇن دەپ، كېچىنى قاراڭغۇ قىلىپ بەردى.

② يەنى ئېلىم-بېرىم، سودا-تىجارەت ۋە خىزمەتتە دىشۋارچىلىق بولمىسۇن دەپ، كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەردى.

③ يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە نە شۈكۈر قىلمايدۇ، نە ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى بىر بولسا، كۇفۇرلۇق ۋە ئىنكارچىلىقتىن بولغان. چۈنكى، كاپىرلارنىڭ ئادىتى شۇنداق بولىدۇ ياكى نېمەت ئاتا قىلغۇچىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش تۈيغۇسى كەم

بولغانلىقى ۋە غەپلەتتە قالغانلىقىدىن بولغان. چۈنكى، جاھىللارنىڭ خاراكتېرى شۇنداق بولىدۇ.

④ يەنى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن باش تارتىسىلەر؟

⑤ كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتى ۋە شېرىكسىز يېگانە مەبۇد ئىكەنلىكى ئايان بولسۇن دەپ، تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسىم نېمەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

⑥ يەنى سىلەر بۇ كەڭرى زېمىننىڭ ئۈستىدە ياشايسىلەر، سەپەر قىلىسىلەر، تىرىكچىلىك قىلىسىلەر. ئاخىرى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرىسىلەر.

⑦ يەنى ئاسماننى چۈشۈپ كەتمەيدىغان مۇقىم ۋە مۇستەھكەم تورۇس قىلدى. ئەگەر كىشىلەر ئاسماننىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، ھېچكىم خاتىرجەم ئۇخلىيالمىغان ۋە بىمالال تىرىكچىلىكمۇ قىلالمىغان بولاتتى.

⑧ زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقات ئىچىدە (سىلەر) ئىنسانلارغا ئەڭ گۈزەل چىراي ۋە مۇكەممەل ماسلىشىشچان ئەزالارنى ئاتا قىلدى.

⑨ يەنى سىلەرگە يېمەك-ئىچمەكلەردىن تۈرلۈك لەززەت ۋە قۇۋۋەتكە ئىگە پاك رىزىقلارنى بەردى.

هُوَ ٱلْحَيُّ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ فَٱدْعُوهُ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ ۗ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ
ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٦٥﴾ ۞ قُلْ إِنِّى نُهِيتُ أَنْ أَعْبُدَ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ
ٱللَّهِ لَمَّا جَآءَنِىَ ٱلْبَيِّنَـٰتُ مِن رَّبِّى وَأُمِرْتُ أَنْ أُسْلِمَ لِرَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٦٦﴾
هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ
يُخْرِجُكُمْ طِفْلًا

***ئاللاھ مەڭگۈ ھاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار① ،***

*جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر! [65] (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى: «رەببىمدىن ماڭا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرى كېلىشى بىلەنلا، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا چوقۇنۇشتىن مەنئى قىلىندىم②، ئالەملەرنىڭ رەببىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇم»③ [66]. ئاللاھ سىلەرنى (دەسلەپتە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن ياراتقان زاتتۇر. ئاندىن ئۇ سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاق ھالىتىڭلاردا چىقىرىدۇ④،*

① يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا ھەممىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچى ۋە ھەممە نەرسىنى بەرگۈچىدۇر. ھېچكىم ئۇنىڭغا نە يارىتىشتا، نە پادىشاھلىقتا شېرىك بولمىغاندىن كېيىن، ئىبادەتكە لايىق زاتمۇ پەقەت شۇ بىر ئاللاھ بولىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا شېرىك بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەت ۋە پاناھلىقنى ئۇنىڭدىنلا تەلەپ قىلىڭلار، پەقەت ئاللاھ ئۆزىلا بەندىلەرنىڭ ئاھ-زارىنى ۋە ئىلتىجالىرىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلاشقا قادىردۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ۋە سەۋەبتىن تاشقىرى ھاجەتلەرنى راۋا قىلىشقا قادىر ئەمەس. ئىش شۇنداق تۇرسا، باشقىلار قانداقمۇ سەۋەبتىن تاشقىرى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى بولالىسۇن؟

② مەيلى ئۇ نەرسىلەر تاشتىن ياسالغان بۇتلار بولسۇن، مەيلى پەيغەمبەرلەر، سالىھلار، قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن ئەۋلىيالار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن مەدەت تىلەپ دۇئا قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ نامىغا ئاتاپ نەزىر-چىراق، سەدىقە، خەير-ئېھسان قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى قەرەللىك زىيارەت قىلىشنى ئۆزۈڭلارغا ۋەزىپە قىلىۋالماڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، ئارزۇ-ئۈمىدىڭلارنى ئۇلارغا باغلىماڭلار، چۈنكى بۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەت جۈملىسىدىندۇر، ئىبادەت پەقەت ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر.

③ يەنى مەن ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنىمەن، گەدەنكەشلىك قىلمايمەن. ئىسلامنىڭ مەنىسى بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش، بويۇن ئېگىش دېمەكتۇر. مەزكۇر بايانلار قۇرئان كەرىمدىكى كەينى-كەينىدىن كەلتۈرۈلگەن ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەردۇر. تۆۋەندە شۇ دەلىللەرنىڭ

بىر قىسمى بايان قىلىنىدۇ.

④ يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بارلىق ئەۋلادىمۇ ئەسلىدە تۇپراقتىن يارىتىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسان نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش، ساقلاش ۋە يارىتىشنى ئابىمەنىگە باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئىنسان ئاتىنىڭ پۇشتىدىن چىقىپ، ئانىنىڭ رەھىمگە كىرگەن ئابىمەنىيدىن يارىتىلىدىغان بولدى. پەقەت ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى بىر كاتتا مۆجىزە بولۇپ، ئاتىسىز يارىتىلدى. قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان بۇ ھەقىقەتنى تەپسىلات ھەقتۇر، بۇنىڭغا پۈتۈن ئىسلام ئۇممىتى بىرلىككە كەلگەن.

ثُمَّ لِتَبْلُغُوٓاْ أَشُدَّكُمْ ثُمَّ لِتَكُونُواْ شُيُوخًاۚ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّىٰ
مِن قَبْلُۖ وَلِتَبْلُغُوٓاْ أَجَلًا مُّسَمًّى وَلَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٦٧﴾ هُوَ ٱلَّذِى
يُحْىِۦ وَيُمِيتُۖ فَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٦٨﴾
أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِىٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ أَنَّىٰ يُصْرَفُونَ ﴿٦٩﴾ ٱلَّذِينَ
كَذَّبُواْ بِٱلْكِتَٰبِ وَبِمَآ أَرْسَلْنَا بِهِۦ رُسُلَنَاۖ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٧٠﴾

*ئاندىن (كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەقىلدە كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، ئاندىن قېرىيسىلەر① — سىلەردىن بەزىلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ② — ئاندىن سىلەر مۇئەييەن ۋاقىتقىچە ياشايسىلەر③. (بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇشىڭلار) ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىشىڭلار ئۈچۈندۇر④ [67]. ئاللاھ ھەم تىرىلدۈرىدىغان (ياشىتىدىغان) ھەم ئۆلتۈرىدىغان (ۋاپات قىلدۇرىدىغان) زاتتۇر⑤. ئۇ (قانداقلا) بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەتلا «بول!» دەيدۇ - دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ⑥ [68]. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە دەتاللاش قىلىۋاتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟⑦ ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟⑧ [69] ئۇلار كىتاب (قۇرئان)نى ۋە پەيغەمبەرلىرىمىزگە بىز چۈشۈرگەن مۆجىزىلەرنى*

***ئىنكار قىلغانلاردۇر. ئۇلار ئۇزاققا قالماي (بۇ قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىپ قالىدۇ [70].***

① يەنى مۇشۇنداق ھالەت ۋە باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزگۈچى زات ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز ئاللاھ تائالادۇر.

② يەنى ئانىنىڭ رەھمىدە بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا ئۆتۈپ، تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلار بار، تۇغۇلغاندىن كېيىن كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار، بەزىلەر ياشلىق دەۋرىدە، بەزىلەر قېرىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ياشتا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

③ ئاللاھ تائالا بۇ ئىشلارنى، ئۇ كىمگە قانچىلىك ئۆمۈر يازغان بولسا، شۇنچىلىك ياشىسۇن ۋە ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادا ھايات كەچۈرىۋالسۇن دەپ، قىلىدۇ.

④ يەنى سىلەر بۇ تەدرىجىي يارىتىش باسقۇچلىرىنى يەنى سىلەرنى ئاۋۋال ئابىمەنىيدىن لەختە قانغا، ئاندىن پارچە گۆشكە ئايلاندۇرۇش ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىنكى بوۋاق ھالەتتىن بالاغەتكە يەتكىچە، ئاندىن ياشلىقتىن قېرىلىققىچە بولغان ئۆمۈر باسقۇچلىرىدىن ئۆتكۈزۈش جەريانى ھەققىدە تەپەككۇر قىلساڭلار، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭمۇ ۋە مەبۇدىڭلارنىڭمۇ پەقەتلا بىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقلىقىنى تونۇپ يېتىسىلەر. يەنە بارلىق ئىنسانلارنى مۇشۇنداق باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزۈپ ياراتقان زات ئۇچۇن قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشنىڭمۇ ھېچ مۇشكۇل ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق مەخلۇقاتنى چوقۇم تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىسىلەر.

⑤ يەنى تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈش پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇ جانسىز ئابىمەنىنى ھەرخىل باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزۈپ بىر تىرىك ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. بىر مۇئەييەن مۇددەتتىن كېيىن، ئۇ تىرىك ئىنساننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ.

⑥ ئۇنىڭ قۇدرىتى شۇ قەدەر بۈيۈكتۈركى، ئۇنىڭ «بول!» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن ئۇ خالىغان نەرسە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

⑦ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە يالغانغا چىقىرىش

ئۇچۇن ياكى ئۇ ئايەتلەرنى رەت قىلىش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن دەتالاش قىلىشىۋاتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟

⑧ يەنى دەلىللەر شۇ قەدەر روشەن، ھەقىقەت شۇنداق ئېنىق بايان قىلىنغان تۇرسا، قانداقمۇ ھەقنى قوبۇل قىلمايدۇ؟ بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن ھەيرانلىق ئىزھار قىلىنىۋاتىدۇ.

إِذِ ٱلْأَغْلَـٰلُ فِىٓ أَعْنَـٰقِهِمْ وَٱلسَّلَـٰسِلُ يُسْحَبُونَ ﴿٧١﴾ فِى ٱلْحَمِيمِ ثُمَّ فِى
ٱلنَّارِ يُسْجَرُونَ ﴿٧٢﴾ ثُمَّ قِيلَ لَهُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تُشْرِكُونَ ﴿٧٣﴾ مِن
دُونِ ٱللَّهِ ۖ قَالُوا۟ ضَلُّوا۟ عَنَّا بَل لَّمْ نَكُن نَّدْعُوا۟ مِن قَبْلُ شَيْـًٔا ۚ
كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٧٤﴾ ذَٰلِكُم بِمَا كُنتُمْ تَفْرَحُونَ فِى
ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَبِمَا كُنتُمْ تَمْرَحُونَ ﴿٧٥﴾

***ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ①، ئۇلار قايناق سۇغا سۆرەپ كىرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ② [71 ـ 72]. ئاندىن ئۇلارغا: «ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار قېنى؟»③ دېيىلىدۇ، ئۇلار: «ئۇ نەرسىلەر بىزنىڭ كۆزىمىزدىن غايىب بولدى (يەنى بىزگە ئەسقاتمىدى)④، بەلكى بىز ئىلگىرى ھېچنەرسىگە ئىبادەت قىلمايتتۇق»⑤ دەيدۇ. ئاللاھ (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلارنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ⑥ [73ـ74]. بۇ (ئازغۇنلۇق) سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە ھەقسىز رەۋىشتە (گۇناھ قىلىپ پۇل ـ مالنى ھارام يوللارغا سەرپ قىلغانلىقىڭلارغا) كۆرەڭلەپ كەتكەنلىكىڭلار ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىندۇر⑦ [75].***

① بۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قۇرئاننى ۋە مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلار دوزاختا يولۇقىدىغان ئەھۋالنىڭ تەسۋىرىدۇر.

② مۇپەسسىرلەردىن مۇجاھىد ۋە مۇقاتىل مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ كىرىشى بىلەن دوزاخنىڭ ئوتى تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ يەنى بۇ كىشىلەر

دوزاخقا ئوتۇن بولىدۇ.

③ ئۇ مەبۇدلىرىڭلار بۈگۈن سىلەرگە ياردەم قىلالامدۇ؟

④ يەنى ئۇلارنىڭ نەگە يوقالغانلىقىنى بىلمەيمىز، ئۇلار بىزگە قانداقمۇ ياردەم قىلالىسۇن؟

*⑤ئۇلار ئىقرار قىلىپ بولۇپ يەنە ئۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىدىن تېنىۋالىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئۇلارنىڭ تېنىۋالغانلىقى مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئى رەببىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾. دەيدۇ](سۈرە ئەنئام 23 ـ ئايەت) مۇيەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۇلارنىڭ بۇتلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىدىن تانغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشنىڭ باتىل ئىكەنلىكى، قىلمىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى، ئۇ يەردە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نە ئاڭلىيالمايدىغان، نە كۆرەلمەيدىغان، نە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنغانلىقىنى تونۇيدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بۇ ئايەتنىڭ يۇقىرىدىكى مەنىسىدىن ئايانكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، تېنىۋالىدۇ.*

⑥ يەنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئازدۇرغاندەك، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ. دېمەك، ئىزچىل ئىنكار قىلىش ۋە كۇفۇرلۇقتا چىڭ تۇرۇۋېلىشتىن ئىنساننىڭ دىلى قارىداپ كېتىدۇ، ھەتتا تۆمۈردەك داتلىشىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە ھەقنى قوبۇل قىلىشقا مەڭگۈ مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

⑦ يەنى بۇ ئازغۇنلۇق جازاسى سىلەرنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلىشتا، كۇفۇرلۇقتا، گۇناھ-مەئسىيەتتە ھەددىڭلاردىن ئاشقانلىقىڭلارنىڭ نەتىجىسىدۇر. سىلەر بۇ قىلمىشىڭلاردىن خۇشال بولۇپ، كۆرەڭلەپ كېتەتتىڭلار. سىلەردىكى بۇ كۆرەڭلەپ كېتىش تەكەببۇرلۇققا ئېلىپ باردى. ئاخىرى گۇمراھلىقتا قالدىڭلار.

ٱدۡخُلُوٓاْ أَبۡوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ فَبِئۡسَ مَثۡوَى ٱلۡمُتَكَبِّرِينَ ٧٦
فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞۚ فَإِمَّا نُرِيَنَّكَ بَعۡضَ ٱلَّذِي نَعِدُهُمۡ أَوۡ
نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِلَيۡنَا يُرۡجَعُونَ ٧٧ وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا رُسُلٗا مِّن قَبۡلِكَ
مِنۡهُم مَّن قَصَصۡنَا عَلَيۡكَ وَمِنۡهُم مَّن لَّمۡ نَقۡصُصۡ عَلَيۡكَۗ وَمَا
كَانَ لِرَسُولٍ أَن يَأۡتِيَ بِـَٔايَةٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ

*سىلەر (ئەمدى) مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان؟① [76] (ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) سەۋر قىلغىن (چىداملىق بولغىن)، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ (ئۇلارنى جازالاش توغرىسىدىكى) ۋەدىسى ھەقتۇر②، بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى (ئۇلارنى ئازابلاش بىلەن) ساڭا كۆرسەتسەك③ (بۇمۇ ساڭا قىلغان ئىلتىپاتىمىزدۇر)، ياكى سېنى (ئۇنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن) ۋاپات قىلدۇرساق، (بەربىر) ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ (ئۇلار ھامان ئازابقا دۇچار بولىدۇ)④ [77]. شەكسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار⑤، ھېچقانداق پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز (يەنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولماستىن) بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ⑥،*

① دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر دوزاختىكىلەرگە شۇنداق دەيدۇ.

② يەنى ۋەدىمىز بويىچە بىز كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئالىمىز. بۇ ۋەدە تېزلا ئەمەلگە ئېشىشىمۇ مۇمكىن، يەنى بىز ئۇلارنى دۇنيادا جازالايمىز ياكى ئىرادە-تەقدىر بويىچە كېچىكتۈرۈشىمىزمۇ مۇمكىن. يەنى بىز ئۇلارنى قىيامەت كۈنى جازالايمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچيەرگە قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

③ يەنى سەن ھايات ۋاقتىڭدىلا ئۇلارنى ئازابقا مۇپتىلا قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. ئاللاھ تائالا كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئېلىپ،

مۆئمىنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە خۇرسەنلىك بېغىشلىدى. بەدرى غازىتىدا يەتمىش كاپىر ئۆلتۈرۈلدى، ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى مەككە پەتھى قىلىندى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدىلا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

④ يەنى ئەگەر كاپىرلار دۇنيادىكى ئازابتىن ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئاخىرى ئۇلار نەگە بارىدۇ؟ ئاخىرى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كېلىدۇ، بىز ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب تەييارلاپ قويدۇق.

⑤ بۇ سان ساناقسىز ۋەقەلىكلىرى بايان قىلىنىپ بېرىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ سانىغا قارىغاندا كۆپ ئاز. قۇرئان كەرىمدە پەقەت 25 پەيغەمبەر ۋە ئۇلارنىڭ قەۋملىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بايان قىلىندى. بايان قىلىنمىغانلىرى ئۇنىڭدىن كۆپتۇر.

⑥ بۇ يەردىكى ﴿اٰيَةٍ﴾ دېگەن سۆزدىن ئادەتتىن تاشقىرى يۈز بېرىدىغان مۆجىزە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مۆجىزە پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەق ۋە راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلىدۇ. كاپىرلار پەيغەمبەرلەردىن بىزگە ئۇنداق-مۇنداق مۆجىزە كۆرسەت دەپ تەلەپ قىلىپ تۇراتتى. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ مەككە كاپىرلىرى بىر قانچە مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇ تەلەپ قىلىنغان مۆجىزىلەر سۈرە ئىسرانىڭ 90-93-ئايەتلىرىدە بايان قىلىندى. ئاللاھ بۇ يەردە شۇنى ئېنىق بايان قىلىۋاتىدۇكى، ھېچبىر پەيغەمبەر قەۋمىنىڭ تەلىۋى بويىچە بىرەر مۆجىزە كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. بۇ پەقەت بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئىشتۇر. شۇ ۋەجىدىن، بەزى پەيغەمبەرلەر دەسلەپتىلا مۆجىزە بىلەن ئەۋەتىلدى، بەزى قەۋملەرگە ئۇلارنىڭ تەلىۋى بويىچە مۆجىزە كۆرسىتىلدى، بەزىلىرىگە تەلەپ قىلىسىمۇ مۆجىزە كۆرسىتىلمىدى. چۈنكى، مۆجىزە كۆرسىتىش بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە قارار قىلىنىدۇ. ھېچبىر پەيغەمبەر خالىغان ۋاقىتتا ئۆزى مۆجىزە كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. بۇ ئايەت شۇنداق كىشىلەرگە رەددىيە بولىدۇكى، ئۇلار بەزى ئەۋلىيالارنى خالىغان ۋاقىتتا خالىغان مۆجىزىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار شەيخ ئابدۇلقادىر جىيلانىغا مەنسۇپ قىلىپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك نۇرغۇن توقۇلما ھېكايىلەرنى بايان قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق ئىمتىيازنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنمۇ بەرمىگەن تۇرسا، قانداق بولۇپ

بىر ئەۋلىياغا بېرىدۇ؟ تېخى ئەۋلىياغا ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. چۈنكى، پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغانلىقتىن مۆجىزە كەلتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى تەقەززا قىلمىغاچقا، ھېچقايسى پەيغەمبەرگە ئۆزى خالىغان چاغدا مۆجىزە كۆرسىتىش ئىمتىيازى بېرىلمىدى. ئەۋلىيانىڭ ئەۋلىيالىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭغا مۆجىزە ۋە كارامەت كۆرسىتىشمۇ زۆرۈر بولمايدۇ. زۆرۈر بولمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۆجىزە كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئاتا قىلسۇن؟

فَإِذَا جَآءَ أَمْرُ ٱللَّهِ قُضِىَ بِٱلْحَقِّ وَخَسِرَ هُنَالِكَ ٱلْمُبْطِلُونَ ﴿٧٨﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَنْعَـٰمَ لِتَرْكَبُوا۟ مِنْهَا وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ ﴿٧٩﴾ وَلَكُمْ فِيهَا مَنَـٰفِعُ

***ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەن چاغدا① (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ②، ئۇ چاغدا (ھەقىقەتكە) قارشى تۇرغۇچىلار زىيان تارتىدۇ [78]. ئاللاھ شۇنداق زاتكى، سىلەرگە چارۋىلارنى يارىتىپ بەردى③، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە مىنىسىلەر، بەزىسىنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر④ [79]. ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار⑤،***

① يەنى دۇنيادا بەلگىلەنگەن جازالاش ۋاقتى ياكى ئاخىرەتتىكى جازالاش ۋاقتى كەلگەندە.

② شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، مۇئمىنلەرگە نىجاتلىق بېرىلىدۇ، كاپىرلار ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ.

③ ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز نېمەتلىرىدىن بىر قىسمىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى چارۋىلار دېگەندىن تۆگە، كالا، ئۆچكە، قويدىن ئىبارەت چارۋىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار ئەركەك-چىشى قوشۇلۇپ سەككىز بولىدۇ. سۈرە ئەنئام 143-144-ئايەتلەردە بايان قىلىنغانىدەك .

④ كىشىلەر بۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، (ئۆچكە، كالا ۋە قويلارنىڭ) سۈتلىرىنى ئىچىدۇ، بۇلارنىڭ گۆشلىرى ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئوزۇقلىقىدۇر. ئىنسانلار بۇ ھايۋانلارنى يەنە ئېغىر يۈكلەرنى توشۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىدۇ.

⑤ بۇلارنىڭ يۇڭلىرىدىن ۋە تېرىلىرىدىن ھەر خىل مەھسۇلاتلار ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. سۈتلىرىدىن قايماق، قېتىق، سۈزمە، ئىرىمچىك قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

وَلِتَبْلُغُواْ عَلَيْهَا حَاجَةً فِي صُدُورِكُمْ وَعَلَيْهَا وَعَلَى ٱلْفُلْكِ
تُحْمَلُونَ ﴿٨٠﴾ وَيُرِيكُمْ ءَايَٰتِهِۦ فَأَيَّ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ تُنكِرُونَ ﴿٨١﴾ أَفَلَمْ
يَسِيرُواْ فِي ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْۚ
كَانُوٓاْ أَكْثَرَ مِنْهُمْ وَأَشَدَّ قُوَّةً وَءَاثَارًا فِي ٱلْأَرْضِ فَمَآ أَغْنَىٰ عَنْهُم
مَّا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴿٨٢﴾ فَلَمَّا جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَرِحُواْ
بِمَا عِندَهُم مِّنَ ٱلْعِلْمِ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٨٣﴾

*ئۇلارغا مىنىپ يۈرۈپ كۆڭلۈڭلاردىكى ھاجىتىڭلارغا يېتىسىلەر، سىلەر ئۇلارنىڭ ۋە كېمىلەرنىڭ ئۈستىدە توشۇلىسىلەر① [80]. ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ②. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا) سىلەر ئاللاھنىڭ دەلىللىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟③ [81] ئۇلار زېمىننى كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟④ بۇلارغا قارىغاندا ئۇلار سان جەھەتتە كۆپ، كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە ئارتۇق ۋە يەر يۈزىدە قالدۇرغان ئىزلىرى (يەنى بىناكارلىق) جەھەتتە بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى⑤. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى⑥ [82]. پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرى بىلەن كەلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى (ئاز-تولا) ئىلىمگە ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتتى (يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى)⑦. (نەتىجىدە) ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىدى*

.[83]

① يەنى (قورۇقلۇقتا) ئۇلارغا يوك ئارتىسىلەر. يەنى ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىگە كاجىۋا، تەختىراۋان ياساپ (مەپىلەرنى ياساپ)، ئۈستىگە خوتۇن-بالىلىرىڭلارنى مىندۈرىسىلەر، (يۈك-تاقلىرىڭلارنى دېڭىزدا) كېمىلەرگە قاچىلايسىلەر.

② بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇنداق مۆجىزىلەر ئۇپۇقتىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز جىسمىڭلاردىمۇ تېپىلىدۇ.

③ يەنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر ھەممىگە مەلۇم، شۇ قەدەر ئوچۇق، ئېنىق ھەم كۆپ بولۇپ، ئۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېچبىرىنى ئىنكار قىلالمايسىلەر. بۇ يەردىكى سوئال جۈملە ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن.

④ يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ خاراب بولغان يۇرت-ماكانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغانلىقىنى كۆزەتسۇن. ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى مەككە ئەھلىگە يېقىندۇر.

⑤ يەنى ئۇلارنىڭ يەر-زېمىن، زىرائەت، ھۈنەر-سانائەت ۋە كاتتا ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان يادىكارلىقلىرى ئۇلارنىڭ سىلەردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ۋە باي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ ﴿فَمَا أَغْنَىٰ﴾ دىكى " ما " سوئال بەلگىسى بولۇپ كەلسىمۇ ۋە مەنپىي مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلسىمۇ بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە مەنپىي مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئۇنى سوئال بەلگىسى بولۇپ كەلگەن دەپ ئالغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى «ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۇلارغا نېمە پايدا يەتكۈزدى؟» دېگەن بولىدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە ھېچ ئەسقاتمىدى، ھېچ پايدا يەتكۈزمىدى.

⑦ «ئۆزلىرىدىكى (ئاز-تولا) ئىلىم» دېگەن ئۇلارنىڭ دەلىل-ئىسپاتسىز سۆزلىرى، قۇرۇق خىياللىرى، شۈبھىلىرى ۋە ئورۇنسىز بىلجىرلاشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئىلىم سۆزى

ئىشلىتىلگەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە ئۆزلىرىنى ئىلىملىك دەپ قارايتتى. دېمەك ئۇلار ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇق خىياللىرى ۋە ئورۇنسىز بىلجىرلاشلىرىنى چوڭ بىلەتتى ۋە شۇلار بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرەتتى. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، بۇ يەردىكى «ئىلىم» ئۇلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى ۋە ئەھكاملىرىغا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئىلىملىرىنى ئارتۇق كۆرەتتى، دېگەن بولىدۇ.

فَلَمَّا رَأَوۡاْ بَأۡسَنَا قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَحۡدَهُۥ وَكَفَرۡنَا بِمَا كُنَّا بِهِۦ مُشۡرِكِينَ ﴿٨٤﴾ فَلَمۡ يَكُ يَنفَعُهُمۡ إِيمَٰنُهُمۡ لَمَّا رَأَوۡاْ بَأۡسَنَاۖ سُنَّتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي قَدۡ خَلَتۡ فِي عِبَادِهِۦۖ وَخَسِرَ هُنَالِكَ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨٥﴾

***ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىلگىرى ئۇنىڭغا شېرىك قىلغان نەرسىلىرىمىزنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى [84]. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى. بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا يۈرگۈزۈپ كەلگەن قانۇنىيىتىدۇر①. كاپىرلار ئەنە شۇ يەردە زىيان تارتتى② [85].***

① يەنى «ئازابنى كۆرگەندە قىلغان تەۋبە ۋە ئېيتقان ئىمان قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئۆزگەرمەس قانۇنىدۇر. بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە جايدا بايان قىلىنىدى.

② يەنى ئۇلار ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن ئاقىۋىتىنىڭ ھالاكەتتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئوبدان چۈشەندى.

# سۈرە ھا مىم سەجدە

| (٤١) سورة حم السجدة مكية ٥٤ آية | (41) سۈرە ھا مىم سەجدە مەككىدە چۈشكەن 54 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

حمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلٌ مِّنَ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٢﴾

***ھا، مىم [1]. (بۇ كىتاب) ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (ۋەھىيدۇر) [2].***

★ بۇ سۈرىنىڭ يەنە بىر ئىسمى فۇسسىلەتتۇر. ئۇنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ئىبنى ھىشام نەقىل قىلغان مۇنداق رىۋايەت بار: بىر قېتىم قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرى يىغىن ئېچىپ: مۇھەممەدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، بىز ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشىمىز لازىم، دېيىشتى. بۇ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇچىلار كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. ئابدۇشەمس ئىبنى ئابدۇماناف جەمەتىدىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ئەبشەمى (ئەبۇ ۋەلىد) قەۋمى ئىچىدە گېپى ئۆتىدىغان باشلىق ئىدى. ئۇ كېڭەشتىكىلەرگە: ئى قۇرەيش جامائەسى! مەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ سۆزلىشىپ باقاي، ئۇنىڭغا بىر قانچە تۈرلۈك ئىشنى تەكلىپ قىلاي، ئۇ تەكلىپلەرنىڭ بىرىنى بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ قالار، بىز

ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرساق، ئۇمۇ بۇ دەۋەتتىن توختاپ قالار، دېدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئۇتبە ئىبنى رەبىئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن بىزنىڭ ئارىمىزدا زاتىڭمۇ، نەسلىڭمۇ ئېسىل ئادەمسەن، سەن قەۋمى-قېرىنداشلىرىڭغا شۇنداق بىر ئىشنى ئېلىپ كەلدىڭكى، ئۇنىڭ بىلەن جامائەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزدۇڭ، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى، ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنىنى ئەيىبلىدىڭ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۇفرىلىققا چىقاردىڭ، مەن ساڭا بىر قانچە تۈرلۈك ئىشنى تەكلىپ قىلماقچىمەن، ئويلاپ بېقىپ، بىرەرسىنى قوبۇل قىلارسەن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېيتقىن ئى ئەبۇ ۋەلىد! ئاڭلاپ باقاي» دېدى. ئۇتبە: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سېنىڭ يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىشتىكى مەقسىتىڭ مال-دۇنياغا ئېرىشىش بولسا، بىز ساڭا كۆپلەپ مال-دۇنيا يىغىپ بېرىپ، ئارىمىزدىكى ئەڭ بايلاردىن قىلىۋېتەيلى، ئەگەر مەقسىتىڭ يۇقىرى ئابرۇي ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش بولسا، سېنى ئۆزىمىزگە باشلىق قىلىۋالايلى، سېنىڭ پىكرىڭنى ئالماي ھېچ ئىش قىلمايلى، ئەگەر پادىشاھ بولۇش مەقسىتىڭ بولسا، بىز ساڭا تاج كىيدۈرۈپ، ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلايلى، ئەگەر سېنىڭ مەقسىتىڭ قايسىبىر چىرايلىق قىزغا ئۆيلىنىش بولسا، قۇرەيش قىزلىرىدىن خالىغىنىڭنى تاللىغىن، بىر ئەمەس، بەلكى ئون قىزنى ساڭا نىكاھلاپ بېرەيلى، ناۋادا ساڭا جىن چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلىگەن بولساڭ، ئۇستا جىنكەشلەرنى تەكلىپ قىلىپ، چىقىمىنى بىز بېرىپ، سېنى داۋالىتايلى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇتبە: «ھەئە، تۈگىدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سۈرە فۇسسىلەتنىڭ باش قىسمىنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى. ئۇتبە ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ، مۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ سۈرىنىڭ 13-ئايىتىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇۋېدى، ئۇتبە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ: «ئاللاھ ھەققى، ئۇرۇق-تۇغقانلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تىلاۋىتىڭنى توختاتساڭ!» دېدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بايامقى

ئايەتتە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب ھېلى چۈشۈپ قالامدىكىن، دەپ قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكىدىن ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇتبەگە: «ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئى ئەبۇ ۋەلىد، ئاڭلىغان بولساڭ، جاۋاب مانا مۇشۇ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتبە ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇرەيش كاتتىباشلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى سورىدى. ئۇتبە ئۇلارغا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەدتىن شۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىدىمكى، ئۇنداق سۆزلەرنى ھېچقاچان ئاڭلىغان ئەمەسمەن. ئۇ سۆزلەر شېئىرمۇ ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس، جىنكەشنىڭ دەيدىغان سۆزىمۇ ئەمەس. ئى قۇرەيش جامائەسى! سۆزۈمنى ئاڭلاپ مۇھەممەدكە چېقىلماڭلار، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەدنىڭ مەن تىڭشىغان سۆزلىرى چوقۇم داڭ چىقىرىدۇ، مۇھەممەدنى باشقا قەبىلىلەر ئۇجۇقتۇرىۋەتسە، ئۇنىڭدىن ئاسان قۇتۇلغان بولىسىلەر، ئەگەر ئۇ غەلىبە قىلسا، ئۇنىڭ غەلىبىسى سىلەرنىڭ غەلىبەڭلار بولىدۇ. ئۇ سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇردى» دېۋىدى، قۇرەيشلەر ئۇنى ئەيىبلەپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەنمۇ ئۇنىڭ سېھىرلىك سۆزلىرىگە ئەسىر بولۇپ قاپسەن» دېدى. بۇ رىۋايەتنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە تەپسىر كىتابلىرىدا ئۇزۇن ۋە قىسقا شەكىلدە بايان قىلىنغان. بۇ رىۋايەتنى ئىمام ئىبنى كەسىر ۋە ئىمام شەۋكانىيمۇ نەقىل قىلغان. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دېگەن: «بۇ رىۋايەتلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قۇرەيشلەر يىغىن ئاچقان، ئۇتبەنى سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە جاۋابەن بۇ سۈرىنىڭ باش قىسمىنى ئوقۇپ ئاڭلاتقان». (فەتھۇلقەدىر)

كِتَـٰبٌ فُصِّلَتۡ ءَايَـٰتُهُۥ قُرۡءَانًا عَرَبِيًّا لِّقَوۡمٍ يَعۡلَمُونَ ۝٣ بَشِيرًا
وَنَذِيرًا فَأَعۡرَضَ أَكۡثَرُهُمۡ فَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ ۝٤ وَقَالُواْ قُلُوبُنَا فِيٓ
أَكِنَّةٖ مِّمَّا تَدۡعُونَآ إِلَيۡهِ وَفِيٓ ءَاذَانِنَا وَقۡرٞ وَمِنۢ بَيۡنِنَا وَبَيۡنِكَ
حِجَابٞ فَٱعۡمَلۡ إِنَّنَا عَٰمِلُونَ ۝٥

**(بۇ) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن① ئايەتلىرى ئەرەبچە قۇرئان بولغان ھالدا② ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر③ [3]. (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى دوزاخ بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر④. ئۇلارنىڭ تولىسى (يەنى ئىنسانلار تولىسى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى پىكىر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈدى. شۇڭا، ئۇلار (ئۇنىڭغا) قۇلاق سالمايدۇ⑤ [4]. ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن⑥، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر⑦، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار. شۇڭا، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى (يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)» دەيدۇ⑧ [5].**

① يەنى ئەرەبچىنى، ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى، ئۇقۇمى، تىل ئۇسلۇبى ۋە سىر-ئەسرارلىرىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن.

② بۇ لەۋزىلىرى ئوچۇق ئەرەبچە قۇرئان بولۇپ، مەزمۇنلىرى تەپسىلىي، مەنىلىرى ئوچۇق ھەم چۈشىنىشلىكتۇر.

③ يەنى ھالال نېمە، ھارام نېمە؟ ياخشى ئىتائەت قايسى، گۇناھ قايسى؟ ساۋاب بولىدىغان ئەمەللەر قايسى، ئازابقا ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلار قايسى؟ بۇلار ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر.

④ يەنى بۇ كىتاب ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا غەلىبە ۋە جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىدۇ؛ مۇشرىكلار ۋە دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

⑤ يەنى ئۇنى تەپەككۇر قىلىش، چۈشىنىش ۋە پايدىلىنىش نىيىتىدە ئاڭلىمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھىدايەتتىن مەھرۇمدۇر.

⑥ ﴿أَكِنَّةٍ﴾ " كِنَانٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، پەردە دېگەن مەنىدە. يەنى بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان ئىماننى چۈشىنىشتىن پەردىلەنگەن.

⑦ ﴿وَقْرٌ﴾نىڭ ئەسلىي مەنىسى ئېغىر. بۇ يەردە مەنىسى ئېغىر

دېگىنى ئىپادىلەپ كەلگەن، يەنى قۇلىقىمىز ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن گاستۇر.

⑧ سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزنى توساپ تۇرىدىغان پەردە بار، شۇ سەۋەپ، سەن سۆزلىگەن نەرسىنى بىز ئاڭلىمايمىز، سەن قىلغان ئىشنى بىز كۆرەلمەيمىز. شۇڭا، بىزنى ئۆز ھالىمىزغا قويغىن، بىزمۇ سېنى ئۆز ھالىڭغا قويايلى. سەن بىزنىڭ دىنىمىز بويىچە ئىش قىلمىساڭ، بىزمۇ سېنىڭ دىنىڭ بويىچە ئىش قىلمايمىز.

قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ
فَٱسۡتَقِيمُوٓاْ إِلَيۡهِ وَٱسۡتَغۡفِرُوهُۗ وَوَيۡلٞ لِّلۡمُشۡرِكِينَ ٦ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡتُونَ
ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ٧ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونٖ ٨ ۞ قُلۡ أَئِنَّكُمۡ لَتَكۡفُرُونَ
بِٱلَّذِي خَلَقَ ٱلۡأَرۡضَ فِي يَوۡمَيۡنِ وَتَجۡعَلُونَ لَهُۥٓ أَندَادٗاۚ ذَٰلِكَ رَبُّ
ٱلۡعَٰلَمِينَ ٩

*(ئى پەيغەمبەر!) سەن (ئۇلارغا): «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ماڭا ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ①، سىلەر ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!» دېگىن. ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىپ زاكات بەرمەيدىغان② مۇشرىكلارنىڭ ھالىغا ۋاي! [7 ـ 6]. شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئۈزۈلمەيدىغان مۇكاپات بار③ [8]. (سەن ئۇلارغا): «سىلەر راستىنلا زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان④ زاتنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەرنى قوشۇۋالامسىلەر؟ ئۇ دېگەن بارچە ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر» دېگىن [9].*

① يەنى مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ۋەھيىدىن باشقا ھېچ پەرق يوق تۇرسا، بۇ قەدەر توسالغۇ پەيدا قىلىۋېلىشىڭلارنىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن

سىلەرنى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىۋاتىمەن، بۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان مۈشكۈل نەرسىمۇ ئەمەس تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيسىلەر؟

② بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. زاكات بولسا ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى مەدىنىدە پەرز قىلىنغان ئىدى. شۇڭا بۇ يەردىكى زاكاتتىن بىر بولسا، مۇسۇلمانلار مەككىدىكى چاغدا بېرىشكە بۇيرۇلغان سەدىقە كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. خۇددى پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە پەقەت كۈن چىقىش ۋە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلۇپ، ھىجرەت قىلىشتىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرىكى ئىسرا كېچىسى، بەش ۋاخ ناماز پەرز قىلىنغاندەك. ياكى بۇ ئايەتتىكى «زاكات» پاكلىغۇچى دېگەن سۆزدىن، خۇددى مالنىڭ زاكىتى مالنى ھارامدىن پاكلىغاندەك، ئىنساننىڭ نەپسىنى شېرىكنىڭ كىرلىرىدىن پاكلاش كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ ﴿اَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُوۡنٍ﴾ ئۈزۈلۈكسىز ساۋاب بېرىلىدۇ[ ئۇلارغا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، توختاپ قالمايدىغان ساۋاب بېرىلىدۇ دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى: ﴿بۇ (ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر﴾. [(سۈرە ھۇد 108-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ.

④ قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە سۈرىلەردە ﴿ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى بىر قانچە كۈندە ياراتقان﴾لىقى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنىدى. ئاللاھ تائالا زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ئاندىن سۈرە نازىئاتتا ﴿شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى﴾ دەپ كەلتۈردى. بۇنىڭدىن زېمىننى يېيىشنىڭ ئاسماننى يارىتىشتىن كېيىن بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئاسماننىڭ يارىتىلىشىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ نۇقتىنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېدى: يارىتىش بىلەن يېيىشنىڭ پەرقى بار، يارىتىش باشقا، يېيىش باشقا. " دَحۡوٌ " ئەسلىدە بىر نەرسىنى يېيىش، گىلەمنى يېيىش مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك زېمىن ئاسماندىن ئىلگىرى يارىتىلغان. ﴿دَحٰهَا﴾ دېگەن زېمىننى تۇرۇشقا ۋە ياشاشقا لايىق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا زاپاس سۇ پەيدا قىلىش، ئۇنى زىرائەت تېرىغىلى بولىدىغان مۇنبەت يەر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿اَخۡرَجَ مِنۡهَا مَآءَهَا وَمَرۡعٰهَا﴾ ﴿زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى

ئۈستۈردى﴾. (سۈرە نازىئات 31-ئايەت) يەنى بۇ ئىشلار ئاسماننى يارىتىپ بولغاندىن كېيىنكى ئىككى كۈندە بولغان. شۇنىڭ بىلەن زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىشى ساق تۆت كۈندە مۇكەممەل بولغان. (سەھىھۇل بۇخارى كىتاب تەپسىر سۈرە فۇسسىلەت 23123-نومۇر)

وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِيَ مِن فَوۡقِهَا وَبَٰرَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَآ أَقۡوَٰتَهَا فِيٓ أَرۡبَعَةِ أَيَّامٖ سَوَآءٗ لِّلسَّآئِلِينَ ١٠ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ وَهِيَ دُخَانٞ فَقَالَ لَهَا وَلِلۡأَرۡضِ ٱئۡتِيَا طَوۡعًا أَوۡ كَرۡهٗا قَالَتَآ أَتَيۡنَا طَآئِعِينَ ١١

***ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورناتتى①، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى②، زېمىندا ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى③، (بۇ ئىشلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشنى كەم - زىيادىسىز) تۆت كۈندە (تاماملىدى)④، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن باراۋەردۇر (بۇ جاۋابتۇر)⑤ [10]. ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ (ئاسمان) تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى⑥، ئىككىلىسى «ئىختىيارىي ھالدا كەلدۇق» دېدى [11].***

① يەنى تاغلارنى زېمىننىڭ ئۆزىدىن ياراتتى. زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تاغلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقىم ئورۇنلاشتۇردى.

② بۇ يەردىكى بەرىكەت يەر يۈزىدىكى سۇنىڭ كۆپلىكى، تۈرلۈك ئوزۇق ۋە يېمەكلىكلەر، زېمىندىن چىقىدىغان ھەر خىل بايلىق ۋە زىرائەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇلار زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىدۇر. بۇلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى بەرىكەتلىك بولغانلىقىدۇر.

③ ﴿اَقْوَاتَ﴾ " قُوْتٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، غىزا، يېمەكلىك ۋە ئوزۇقلۇق دېگەن مەنىدە. يەنى زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقلارغا يەتكىدەك ئوزۇقلۇق ياراتتى ياكى ئوزۇقلۇق تاپالايدىغان شارائىت ھازىرلىدى. ئاللاھ تائالانىڭ زېمىننى يارىتىپ، ئۇنىڭدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا بەلگىلىگەن رىزىقلارنى تىل بىلەن بايان قىلىپ، قەلەم بىلەن يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ئۈسكىنىلىرى بىلەنمۇ ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدۇ. ئىكرىمە ۋە مۇجاھىد قاتارلىق مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئاللاھ تائالا ھەربىر يەردە باشقا يەردە چىقمايدىغان نەرسىنى پەيدا قىلدى. بىر يۇرتتىن چىقىدىغان مەھسۇلات يەنە بىر يۇرتتا تېپىلمايدىغان قىلدى. ھەتتا مەزكۇر مەھسۇلات شۇ رايون ئەھلىنىڭ تىجارەت ۋە كىرىم مەنبەسى بولدى. بۇ ئۇقۇممۇ ئۆز جايىدا توغرا ۋە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

④ يەنى زېمىننى يارىتىشقا كەتكەن ئىككى كۈن ۋە زېمىننى يېيىشقا كەتكەن ئىككى كۈن قوشۇلۇپ جەمئىي تۆت كۈن بولدى. دېمەك، ئاللاھ مۇشۇ تۆت كۈندە يۇقىرىقى بارلىق ئىشلارنى تاماملىدى.

⑤ ﴿سَوَآءً﴾نىڭ مەنىسى باراۋەر يەنى تولۇق تۆت كۈندۇر. يەنى سورىغۇچىلارغا ئېيتقىنكى، زېمىننى يارىتىش ۋە ئۇنى ياشاشقا لايىق قىلىپ يېيىش قاتارلىق ئىشلار كەم-زىيادىسىز تولۇق تۆت كۈندە پۈتتى. يەنە بىر مەنىسى بۇ سورىغۇچىلار ئۈچۈن تولۇق ياكى باراۋەر جاۋابتۇر.

⑥ بۇ ئىككىسى قانداق كەلدى؟ ئۇلارنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى بىز بايان قىلالمايمىز. بۇلار ئاللاھ خالىغان رەۋىشتە كەلدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق چۈشەندۈردى: ئاللاھ تائالا بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلىڭلار، دېدى. ئۇ ئىككىسى: ئىتائەت قىلدۇق، دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئاسمانغا: قۇياش، ئاي ۋە باشقا يۇلتۇزلارنى چىقارغىن، دەپ بۇيرۇق قىلدى. زېمىنغا دەريالارنى ئاقتۇرۇپ، مېۋىلەرنى چىقارغىن، دەپ بۇيرۇق قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: سىلەر ئىككىڭلار ۋۇجۇدقا كېلىڭلار، دېگەن بولىدۇ.

فَقَضَىٰهُنَّ سَبۡعَ سَمَٰوَاتٖ فِي يَوۡمَيۡنِ وَأَوۡحَىٰ فِي كُلِّ سَمَآءٍ أَمۡرَهَاۚ وَزَيَّنَّا

ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنْيَا بِمَصَٰبِيحَ وَحِفْظًاۚ ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْعَلِيمِ ﴿١٢﴾
فَإِنْ أَعْرَضُواْ فَقُلْ أَنذَرْتُكُمْ صَٰعِقَةً مِّثْلَ صَٰعِقَةِ عَادٍ وَثَمُودَ ﴿١٣﴾
إِذْ جَآءَتْهُمُ ٱلرُّسُلُ مِنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا تَعْبُدُوٓاْ إِلَّا
ٱللَّهَۖ قَالُواْ لَوْ شَآءَ رَبُّنَا لَأَنزَلَ مَلَٰٓئِكَةً فَإِنَّا بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ
كَٰفِرُونَ ﴿١٤﴾ فَأَمَّا عَادٌ فَٱسْتَكْبَرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَقَالُواْ
مَنْ أَشَدُّ مِنَّا قُوَّةًۖ أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَهُمْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُمْ
قُوَّةًۖ وَكَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا يَجْحَدُونَ ﴿١٥﴾

**ئاللاھ يەتتە ئاسماننى (يارىتىشنى) ئىككى كۈندە تاماملىدى ۋە ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى)① . ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق② ، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر [12]. ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن) باش تارتسا ، (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن [13]. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ئالدى ـ كەينىدىن (يەنى ھەممە تەرەپتىن) كېلىپ: «بىر ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار!» دېسە، ئۇلار: «ئەگەر رەببىمىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى. بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز» دېدى③ [14]. ئاد بولسا زېمىندا (ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى④ . ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟⑤ (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى⑥ [15].**

① يەنى ئاسمانلارغا ياكى ئۇنىڭدىكى پەرىشتىلەرگە مەخسۇس ۋەزىپە

ۋە خىزمەتلىرىنى بەلگىلىدى.

② يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى شەيتانلارنىڭ ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىشىدىن مۇھاپىزەت قىلدۇق. يەنە بىر ئايەتتە يۇلتۇزلارنى يارىتىشتىكى يەنە بىر مەقسەت كىشىلەرگە يول كۆرسىتىش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ﴿ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ﴾. (سۈرە نەھل 16-ئايەت)

③ يەنى سەن بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان. شۇڭا، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئېتىراپ قىلمايمىز. ئەگەر ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتمەكچى بولسا، ئىنسانلاردىن ئەمەس، پەرىشتىلەردىن ئەۋەتكەن بولاتتى، دېدى.

④ بۇ ئىبارە ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازابىنى قايتۇرۇشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى قاۋۇل ۋە كۈچلۈك ئادەملەر ئىدى. ئۇلار بۇ سۆزنى پەيغەمبىرى ھۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان چاغدا دېگەن ئىدى.

⑤ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان ۋە مۇشۇنداق كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەن ئاللاھتىنمۇ زىيادە كۈچلۈكمۇ؟ ئۇلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى كەم بولۇپ قالدىمۇ؟ بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش ۋە كايىش تەرىقىسىدە كەلگەندۇر.

⑥ يەنى پەيغەمبەرلەرگە بىز نازىل قىلغان مۆجىزىلەرنى ياكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئەۋەتكەن دەلىل-پاكىتلارنى ياكى كائىناتتىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاللاھنىڭ چەكسىز ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلدى.

فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِيحٗا صَرۡصَرٗا فِيٓ أَيَّامٖ نَّحِسَاتٖ لِّنُذِيقَهُمۡ عَذَابَ ٱلۡخِزۡيِ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَخۡزَىٰۖ وَهُمۡ لَا يُنصَرُونَ ١٦ وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيۡنَٰهُمۡ فَٱسۡتَحَبُّواْ ٱلۡعَمَىٰ عَلَى ٱلۡهُدَىٰ فَأَخَذَتۡهُمۡ صَٰعِقَةُ ٱلۡعَذَابِ ٱلۡهُونِ بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ١٧ وَنَجَّيۡنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ١٨

*ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن① ، شۇم كۈنلەردە قاتتىق ئاۋازلىق، سوغۇق بوراننى ئەۋەتتۇق② ، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ [16]. سەمۇدقا كەلسەك، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق③ ، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (يەنى گۇمراھلىقنى، ئىماننىڭ ھەققەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئارتۇق بىلدى④. ئۇلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى⑤ [17]. ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادار بولغان كىشىلەرنى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق [18].*

① ﴿صَرْصَرًا﴾ " صُرَّةٌ " ئاۋاز دېمەكتۇر. يەنى قاتتىق گۈركىرەيدىغان بوران، ناھايىتى قاتتىق، يۇقىرى سۈرئەتلىك، شاۋقۇنلۇق بوران. بەزى مۇپەسسىرلەر: قاتتىق سوغۇق بوران، دېدى. بەزىلىرى: ئۇ بوران قاتتىق كۈچلۈك ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان ئوتتەك قىزىق ئىدى. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دېدى: يۇقىرىدا دېيىلگەن سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغان بوراندۇر.

② ﴿نَحِسَاتٍ﴾نىڭ مەنىسىنى بەزى مۇپەسسىرلەر ئارقىمۇ-ئارقا چىققان بوران دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، بۇ بوران يەتتە كېچە، سەككىز كۈن ئۈزچىل داۋاملاشقان. بەزىلەر: قاتتىق توپا-چاڭ كۆتۈرۈپ كەلگەن بوران دېسە، بەزىلەر: شۇملۇق ئېلىپ كەلگەن بوران، دېدى. ئاخىرقى خۇلاسە شۇكى: كۈنلەرنىڭ ئۆزى مۇتلەق شۇم ئەمەس، بەلكى ئۇزۇلمەي داۋام قىلغان سوغۇق بورانلىق كۈنلەرلا ئۇلارغا شۇم كۈنلەر بولغان ئىدى.

③ يەنى ئۇلارنى تەۋھىدكە ۋە توغرا يولغا دەۋەت قىلدۇق. بۇ ھەقتە دەلىل-پاكىتلارنى كۆرسەتتۇق. پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇلارغا ھەقنى ئوچۇق بايان قىلدۇق.

④ ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇردى، ئۇنى ئىنكار قىلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ تەلىۋى بويىچە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىگە ئىسپات سۈپىتىدە تاشتىن چىقىرىپ بېرىلگەن مۆجىزە تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

⑤ ﴿صٰعِقَةُ﴾ قاتتىق ئازاب دېمەكتۇر. يەنى پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا جاھاننى تىترىتىدىغان قاتتىق ئاۋازلىق چاقماق ئازابى كەلدى. بۇ خار قىلغۇچى ئازاب ئۇلارنى ھالاك قىلدى.

وَيَوْمَ يُحْشَرُ أَعْدَآءُ ٱللَّهِ إِلَى ٱلنَّارِ فَهُمْ يُوزَعُونَ ﴿١٩﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا مَا
جَآءُوهَا شَهِدَ عَلَيْهِمْ سَمْعُهُمْ وَأَبْصَٰرُهُمْ وَجُلُودُهُم بِمَا كَانُوا۟
يَعْمَلُونَ ﴿٢٠﴾ وَقَالُوا۟ لِجُلُودِهِمْ لِمَ شَهِدتُّمْ عَلَيْنَا ۖ قَالُوٓا۟ أَنطَقَنَا ٱللَّهُ
ٱلَّذِىٓ أَنطَقَ كُلَّ شَىْءٍ ۚ وَهُوَ خَلَقَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٢١﴾

***ئۇ كۈندە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى دوزاختا توپلىنىدۇ①، ئالدى - ئارقىسى يىغىلىپ بولغۇچە توختىتىپ تۇرۇلىدۇ② [19]. ئۇلار دوزاختا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ③ [20]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: «سىلەر نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟» دەيدۇ④، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى: «ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ بىزنى سۆزلەتتى، ئۇ سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغان زاتتۇر. سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دەيدۇ⑤ [21].***

① يەنى بۇ يەردە ئەسلەتكىن دېگەن بۇيرۇق پېئىلى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. يەنى ئى پەيغەمبەر! ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ئەسلەتكىنكى، ئازاب پەرىشتىلىرى بولغان زەبانىيلەر ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوزاختا توپلايدۇ، يەنى باشتىن ئاخىر ھەممە دۈشمەنلەر توپلىنىدۇ.

② ئۇلار دوزاختا تاشلىنىش ئۈچۈن توپلىنىدىغان كۈندە باش - ئاخىرى يىغىلىپ بولغۇچە توختىتىپ تۇرۇلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە نەمله 17-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

③ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى ئىنكار قىلغاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ

ئەزالىرى بۇ ئادەم مۇنداق ئىشلارنى قىلغان دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ﴿إِذَا مَا جَآءُوهَا﴾دىكى " ما " پەقەت تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن. ئىنساندا بەش سەزگۈ ئەزا بار بولۇپ، بۇ يەردە ئىككىسى تىلغا ئېلىنىدى. ئۈچىنچىسى تېرە بولۇپ، ئۇ تۇتۇپ، سىلاپ سېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە. دېمەك، بۇ يەردە بەشتىن ئۈچى تىلغا ئېلىنغان بولدى، قالغان ئىككىسى تىلغا ئېلىنمىدى. چۈنكى، تېتىپ سېزىش سىلاپ سېزىشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. بىر نەرسىنى تېتىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنى تىل تېرىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇش لازىم. پۇراپ سېزىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بىر نەرسىنى بۇرۇننىڭ تېرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، پۇراپ سەزگىلى بولمايدۇ. مۇشۇ ئېتىبار بىلەن «تېرە»گە ئۈچ سەزگۈ ئەزا كىرىپ كېتىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى مۇشرىكلار ۋە كاپىرلار ئۆز ئەزالىرى ۋە تېرىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ھەيران بولغان ياكى نارازى بولغان ھالدا ئەزالىرىغا مالامەت قىلىپ، شۇنداق دەيدۇ.

⑤ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە «ئۇ سىلەرنى دەسلەپتە» دېگەن يەردىن ئاخىرغىچە ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. ئۇ بۇ يەردە يېڭىدىن باشلانغان جۈملە ئورنىدا كەلگەن. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ جۈملىمۇ ئىنسانلارنىڭ تېرىلىرىنىڭ سۆزى. يەنى ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىدۇر. قىيامەت كۈنى ئىنسان ئەزالىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرە نۇر 42-ئايەتتە، سۈرە ياسىن 65-ئايەتتە بايان قىلىنغان ئىدى. سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنىدى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن مۇجادىلە قىلغانلىقىدىن ھەيران بولدۇم، ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا زۇلۇم قىلماسلىقنى ۋەدە قىلغان ئەمەسمىدىڭ؟ دەيدۇ. پەرۋەردىگارى: شۇنداق، ۋەدە قىلغان، دەيدۇ. بەندە: مەن ماڭا ئۆزۈمدىن باشقا گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلمايمەن، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا مېنىڭ ۋە ياخشى - يامانىنى يازىدىغان ھۆرمەتلىك پەرىشتىلىرىمنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ. بەندە ئۆز سۆزىنى قايتا - قايتا تەكرارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى پېچەتلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئۇ: سىلەرگە ھالاكەت بولسۇن! مەن سىلەرنى دەپ جاڭجاللاشقان ئىدىم، دەيدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2969-ھەدىس)

وَمَا كُنتُمْ تَسْتَتِرُونَ أَن يَشْهَدَ عَلَيْكُمْ سَمْعُكُمْ وَلَآ أَبْصَٰرُكُمْ
وَلَا جُلُودُكُمْ وَلَٰكِن ظَنَنتُمْ أَنَّ ٱللَّهَ لَا يَعْلَمُ كَثِيرًا مِّمَّا
تَعْمَلُونَ ﴿٢٢﴾ وَذَٰلِكُمْ ظَنُّكُمُ ٱلَّذِى ظَنَنتُم بِرَبِّكُمْ أَرْدَىٰكُمْ
فَأَصْبَحْتُم مِّنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾

***(ھالبۇكى سىلەر دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا) نە قۇلىقىڭلارنىڭ، نە كۆزۈڭلارنىڭ، نە تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمايتتىڭلار (يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، كىشىلەردىن يوشۇرغان ئىدىڭلار، ۋەھالەنكى، ئەزالىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدىڭلار)① ۋە قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇنلىرىنى «ئاللاھ بىلمەيدۇ» دەپ قارىغان ئىدىڭلار② [22]. سىلەرنىڭ رەببىڭلارغا قارىتا ئاشۇ (قەبىھ) قارىشىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى③. شۇنىڭ بىلەن سىلەر زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار [23].***

① دېمەك سىلەر گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ، كىشىلەردىن يوشۇرۇشقا ئورۇناتتىڭلار، لېكىن ئۆز ئەزالىرىڭلارنىڭ سىلەرگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيتتىڭلار، ئۇلاردىن يوشۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قارىمايتتىڭلار. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشەنمەيتتى، ئۇنى ئىنكار قىلاتتى.

② چۈنكى سىلەر بىپەرۋالىق بىلەن ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلاتتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلاتتىڭلار.

③ يەنى سىلەرنىڭ، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىزدىن كۆپ نەرسىنى بىلمەيدۇ، دېگەن خاتا قاراش ۋە بۇزۇق ئېتىقادىڭلار ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە ئېلىپ باردى. چۈنكى، سىلەر شۇ سەۋەبتىن ھەر خىل گۇناھلارنى ئېرىنمەستىن، قورقماستىن قىلىدىغان بولۇپ كەتتىڭلار. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت بار: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن كەئبىنىڭ

يوپۇقلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتىم، شۇ ئەسنادا ئۈچ نەپەر كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى قۇرەيشلىك، قالغان ئىككىسى ئۇنىڭ سەقەفى قەبىلىسىدىن بولغان كۈيئوغۇللىرى ياكى بىرسى سەقەفىلىك، قالغان ئىككىسى ئۇنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان كۈيئوغۇللىرى ئىدى. ئۇلار قورساقلىرى يوغان، كاللىسى ئاددىي ئادەملەر بولۇپ، مەن ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى: بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزنى ئاللاھ تائالا ئاڭلايدۇ دەپ قارامسىلەر؟ دېدى. يەنە بىرى: ئەگەر بىز ھەقىقەتەن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىسەك، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئاڭلايدۇ. لېكىن، پەس ئاۋازدا سۆزلىسەك ئاڭلىمايدۇ، دېدى. يەنە بىرى: ئەگەر ئاللاھ تائالا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىگەن سۆزىمىزنى ئاڭلايدىغان بولسا، تۆۋەن ئاۋازدا قىلغان سۆزلىرىمىزنىمۇ ئاڭلايدۇ، دېدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدۈم. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4816 ـ ھەدىس)

فَإِن يَصۡبِرُواْ فَٱلنَّارُ مَثۡوٗى لَّهُمۡۖ وَإِن يَسۡتَعۡتِبُواْ فَمَا هُم مِّنَ
ٱلۡمُعۡتَبِينَ ٢٤ ۞ وَقَيَّضۡنَا لَهُمۡ قُرَنَآءَ فَزَيَّنُواْ لَهُم مَّا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ
وَمَا خَلۡفَهُمۡ وَحَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ فِيٓ أُمَمٖ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِم
مِّنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ خَٰسِرِينَ ٢٥ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
لَا تَسۡمَعُواْ لِهَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ وَٱلۡغَوۡاْ فِيهِ لَعَلَّكُمۡ تَغۡلِبُونَ ٢٦
فَلَنُذِيقَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَذَابٗا شَدِيدٗا وَلَنَجۡزِيَنَّهُمۡ أَسۡوَأَ ٱلَّذِي
كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٢٧

***ئەگەر ئۇلار قانچىلىك چىداملىق بولۇپ كەتسىمۇ، دوزاخ يەنىلا ئۇلارنىڭ جايىدۇر. ئەگەر ئۇلار (ئاللاھتىن) رازىلىق (ئەپۇ، ئۆزرە) تىلىسىمۇ، ھەرگىز رازىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ① [24]. بىز ئۇلارغا (شەيتان) دوستلارنى مۇسەللەت قىلدۇق②، ئۇلار (يەنى شەيتان دوستلار) ئۇلارغا ئالدى ـ كەينىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى يامان ئەمەللىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن***

**بولغان (گۇناھكار شەقى) ئۈممەتلەر قاتاردا ئازاب سۆزى (بۇيرۇقى) بۇلارغىمۇ تېگىشلىك بولدى، چۈنكى ئۇلار زىيان تارتقۇچىلار ئىدى [25]. كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار③، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار④، (شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى تويسۇشتا) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى⑤ [26]. بىز (مۇشۇنداق دېگەن) كاپىرلارغا چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز. بىز ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئەلۋەتتە بېرىمىز⑥ [27].**

① بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى: ئەگەر ئۇلار رازىلىق تەلەپ قىلىپ، جەننەتكە كىرمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار بۇنىڭغا ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر، فەتھۇلقەدىر) بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: ئۇلار ئاللاھ تائالادىن دۇنياغا قايتىشنى تىلىسىمۇ، ھەرگىز قايتۇرۇلمايدۇ، ئۇلارنىڭ تەلىۋى رەت قىلىنىدۇ. (ئىبنى جەرىر تەبەرى) ئەگەر ئۇلار ئۆزرە بايان قىلسىمۇ، ئۆزرىلىرىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. دېمەك، ئۇلار مەڭگۈ دوزاختا قالىدۇ. ئۇلار ئازابقا چىدىسۇن ياكى چىدىمىسۇن، بەربىر ئوخشاشتۇر، (دۇنيادا بەزىدە چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلەرگە ئىچ ئاغرىتىش بولۇپ قالىدۇ، ئەمما ئۇلارغا رەھىم قىلىنمايدۇ) ئۇلار دوزاختىن بىر ئامالىنى قىلىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولىدۇ، لېكىن قاچىدىغان ھېچبىر ئامال تاپالمايدۇ.

② ئۇلاردىن ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن بولغان شەيتان دوستلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ شەيتان دوستلار باتىلدا چىڭ تۇرىدىغانلارغا تازا چاپلىشىدۇ. ئۇلارغا كۇفرىنى ۋە گۇناھلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇمراھلىق پاتقىقىغا پاتقان ھالدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ، ئاخىرى ئۇلارغا ئۆلۈم كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇمراھلىق ئۈستىدە ئۆلۈپ، مەڭگۈلۈك زىيانكارلاردىن بولىدۇ.

③ يەنى ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە شۇنداق دېدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿لَا تَسۡمَعُوا﴾نىڭ مەنىسى، ئۇنىڭغا بويسۇنماڭلار دېگەن بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى.

④ يەنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىڭلار، ئىسقىرتىڭلار، ۋارقىراڭلار، ھەتتا جەم بولغانلار قۇرئاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي قالسۇن، ئۇلارنىڭ دىللىرى قۇرئاننىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتىدىن تەسىرلىنىپ قالمىسۇن.

⑤ يەنى ۋاراڭ-چۇرۇڭدا مۇھەممەد قۇرئاننى تىلاۋەت قىلالماي قالسۇن. چۈنكى، تىلاۋەتنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كېتىدۇ، شۇڭا شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن.

⑥ يەنى ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ياخشى ئەمەللىرىنىڭ قىممىتى ۋە ساۋابى بولمايدۇ. مەسىلەن: مېھمان كۈتۈش، سىلە-رەھىم، خەير-ئېھسان قىلىش قاتارلىق ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى، جۈملىدىن، قۇرئان تىلاۋىتى ئاڭلاشنى چەكلىگەنلىكىنىڭ جازاسىمۇ بېرىلىدۇ.

ذَٰلِكَ جَزَآءُ أَعۡدَآءِ ٱللَّهِ ٱلنَّارُۖ لَهُمۡ فِيهَا دَارُ ٱلۡخُلۡدِ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ
بِـَٔايَٰتِنَا يَجۡحَدُونَ ﴿٢٨﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ رَبَّنَآ أَرِنَا ٱلَّذَيۡنِ أَضَلَّانَا
مِنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِ نَجۡعَلۡهُمَا تَحۡتَ أَقۡدَامِنَا لِيَكُونَا مِنَ
ٱلۡأَسۡفَلِينَ ﴿٢٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسۡتَقَٰمُواْ

***ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ جازاسى ئەنە شۇ دوزاختۇر. دوزاخ ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جايىدۇر. بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازادۇر① [28]. كاپىرلار (دوزاخقا كىرگەندە) دەيدۇكى: «ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بىزنى ئازدۇرغانلارنى بىزگە كۆرسەتكىن②، (ئۇلارنىڭ) ئەڭ خارلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى ئاياغلىرىمىزنىڭ ئاستىدا دەسسەپ تۇرايلى»③ [29]. شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلەر④، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا⑤***

① بۇ يەردىكى «ئايەتلىرىمىز» دېگەندىن، ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن روشەن دەلىل-ئىسپاتلار ياكى ئۇلارغا ئاتا قىلغان مۆجىزىلەر ياكى ئۇپۇققا تارالغان، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان كائىناتتىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر

كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كاپىرلار بۇلارنىڭ ھەممىنى ئىنكار قىلىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئىمانغا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

② بۇنىڭدىن شۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇكى، ئازدۇرغانلار پەقەت شەيتانلارلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلاردىن خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەرمۇ شەيتانغا ئەگىشىپ باشقىلارنى ئازدۇرۇپ ياشايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «جىنلاردىن بولغان ئازدۇرغۇچى» شەيتاننى كۆرسىتىدۇ، «ئىنسانلاردىن بولغان ئازدۇرغۇچى» ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى قابىل كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. قابىل ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ، چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان ئىدى. ھەدىسنىڭ روھى بويىچە قىيامەتكە قەدەر بارلىق ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ گۇناھىدىن بىر ھەسسە ئۇنىڭغا يېزىلىپ تۇرىدۇ.

③ يەنى ئۇلارنى قەدەملىرىمىز ئاستىدا دەسسەپ چەيلەيلى. چۈنكى، ئۇلار بىزنى بەك ئېغىر خارلىققا قويدى. دوزىخىلار ئۆز رەھبەرلىرىگە بولغان غەزىپىگە تەسەللىي تېپىش ئۈچۈن شۇنداق دەيدۇ، بولمىسا، ھەر ئىككى پىرقە گۇناھكارلاردۇر بولۇپ، ھەممىسى دوزاختا ئوخشاش ئازابتا قالىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلغان: ﴿ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيسىلەر» دەيدۇ﴾. (سۈرە ئەئراف 38-ئايەت) دوزىخىلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمدى مۆئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبى بولۇپ، ھەربىر ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن بىر رىغبەتلەندۈرۈش، ھەربىر رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىر ئاگاھلاندۇرۇشمۇ بىرگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ يەردىمۇ باشتا ئاگاھلاندۇرۇش كەلگەن ئىدى، ئەمدى بېشارەت كەلدى.

④ بۇلار ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقىغا ئىمان ئېيتىپ، ئىلاھلىقىغا باشقىلارنى شېرىك قىلغانلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھنى بىر، شېرىكى يوق، ھەم پەرۋەردىگار، ھەم مەبۇد دەپ ئېتىقاد قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ يەنى قاتتىق ئېغىر كۈلپەتكە يولۇققاندىمۇ ئىماندا ۋە تەۋھىد ئېتىقادىدا مۇستەھكەم تۇرغانلارغا، توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتمىگەنلەرگە. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى " اِسْتِقَامَةٌ "نى ئىخلاس دەپ ئېلىپ، ئايەتنى، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلغانلار، دەپ تەپسىر

قىلغان. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئىسلامدا سەندىن كېيىن ھېچكىمدىن سورىماي ئەمەل قىلىدىغان بىر سۆزنى دەپ بەرگىن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: " قُلْ آمَنْتُ بِاللهِ ثُمَّ اسْتَقِمْ " «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈردۇم دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا بولغىن» دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 38-ھەدىس)

تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحْزَنُواْ وَأَبْشِرُواْ بِٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ ﴿٣٠﴾ نَحْنُ أَوْلِيَآؤُكُمْ فِي ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِي ٱلْأَخِرَةِۖ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِيٓ أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ ﴿٣١﴾ نُزُلًا مِّنْ غَفُورٍ رَّحِيمٍ ﴿٣٢﴾ وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَآ إِلَى ٱللَّهِ وَعَمِلَ صَٰلِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿٣٣﴾ وَلَا تَسْتَوِي ٱلْحَسَنَةُ وَلَا ٱلسَّيِّئَةُۚ

*پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار①، بىز دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز②. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە سىلەر ئۈچۈن ھازىردۇر③، (بۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ④ [32-30]. ئاللاھ (نىڭ يولى)غا دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك كىشى بارمۇ؟⑤ [33] ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ⑥.*

① يەنى ئۇلار جان ئۈزۈۋاتقاندا پەرىشتىلەر چۈشۈپ بىشارەت بېرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتىلەر ئۈچ ئورۇندا مۇشۇنداق بىشارەت بېرىدۇ: مۇئمىنلەر جان ئۈزىۋاتقاندا، قەبرىدە ۋە قەبرىدىن

تىرىلىپ چىققاندا.

② يەنى ئاخىرەتتە بولىدىغان ئىشلاردىن قورقماقلار ۋە ئارقاقلاردا قالدۇرغان بالا-چاقىلىرىڭلار، مال-دۇنيالىرىڭلاردىن قايغۇرماڭلار.

③ يەنى سىلەرگە دۇنيادا ۋەدە قىلىنغان جەننەت بار.

④ بۇ تىخىمۇ چوڭ بىشارەت بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇمۇ پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىدۇر. ھەر ئىككى ئەھۋالدا بۇ مۇئمىنلەر ئۈچۈن كاتتا بىشارەتتۇر.

⑤ يەنى بۇ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا چاقىرىش بىلەن بىرگە ئۆزىمۇ ھىدايەت تاپقان، دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى ۋە چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلغان، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان ئادەمدۇر.

⑥ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر.

ٱدۡفَعۡ بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ فَإِذَا ٱلَّذِي بَيۡنَكَ وَبَيۡنَهُۥ عَدَٰوَةٞ كَأَنَّهُۥ
وَلِيٌّ حَمِيمٞ ﴿٣٤﴾ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ذُو
حَظٍّ عَظِيمٖ ﴿٣٥﴾ وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ نَزۡغٞ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۖ
إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٣٦﴾ وَمِنۡ ءَايَٰتِهِ ٱلَّيۡلُ وَٱلنَّهَارُ وَٱلشَّمۡسُ
وَٱلۡقَمَرُۚ

***(سەن يامانلىققا) ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرغىن. (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ① [34]. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ② ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نىسۋىگە ئىگە ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ③ [35]. ئەگەر شەيتاندىن كەلگەن بىر ۋەسۋەسە سېنى (يۇقىرىقى خىسلەتتىن) يۈز ئۆرۈتمەكچى بولسا (ئۇنى ئۆزلەشتۈرمەسلىككە كۈشكۈرتسە)، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ (شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن④ ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ***

***تۈرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر⑤ [36]. كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر⑥،***

① يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم بىر ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر. يەنى، يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىش، زۇلۇم قىلغاننى ئەپۇ قىلىش، غەزەپ قىلغانغا سەۋر قىلىش، نادانلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىگە كۆز يۇمۇش، ياقتۇرمايدىغان سۆزلەرگە تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئېسىل خىسلەتتۇر. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، دۇشمىنىڭ سىرداش دوستۇڭ بولۇپ قالىدۇ، سەندىن يىراق تۇرىدىغانلار يېقىنلىرىڭغا ئايلىنىدۇ، سېنى ئۆچ كۆرىدىغانلار ساڭا مېھرى-شەپقەت قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

② يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش گەرچە ناھايىتى پايدىلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا پەقەت سەۋرچان، چىدامچان كىشىلەرلا ئەمەل قىلالايدۇ. ئەنە شۇلار ئاچچىقىنى يۇتۇۋېتەلەيدىغان، قاتتىق سۆزلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كىشىلەردۇر.

③ ﴿حَظٍّ عَظِيمٍ﴾نىڭ مەنىسى «بۈيۈك نېسىۋە» بولۇپ، ئۇنىڭدىن جەننەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى مەزكۇر خىسلەتكە ئىگە كىشىلەر بۈيۈك نېسىۋىگە ئىگە بولغانلاردۇر يەنى تەقدىرىگە جەننەتكە كىرىش پۈتۈلگەنلەردۇر.

④ يەنى شەيتان سېنى شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتىن بۇرىۋەتمەكچى بولسا ياكى يامانلىققا ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا توسالغۇ بولسا، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن.

⑤ مۇشۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە زات يەنى ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ پاناھلىق تىلىگەنلەرگە پاناھلىق بېرەلەيدۇ. بۇ ئىبارە ئالدىنقى ئىبارىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ كەلدى. ئەمدى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، بارلىقى، تەسەررۇپ قىلىش ئىقتىدارى، ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە ۋە ئالامەتلەر بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

⑥ كىشىلەرنى ئارام ئالسۇن دەپ كېچىنى قاراڭغۇ قىلغانلىقى،

تىرىكچىلىك قىلسۇن دەپ كۈندۈزنى يورۇق قىلغانلىقى، كېچىنىڭ كەينىدىن كۈندۈزنىڭ كېلىشى، مۇشۇ تەرتىپتە توختىماستىن داۋاملىشىشى، بەزىدە كېچىنىڭ ئۇزۇن، كۈندۈزنىڭ قىسقا بولۇشى، بەزىدە ئەكسىچە كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن، كېچىنىڭ قىسقا بولۇشى، كۈن بىلەن ئاينىڭ ئۆز ۋاقتىدا چىقىشى ۋە پېتىشى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز ئوقى ۋە ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ، مەنزىلىگە يېتىشى، بىر-بىرى بىلەن سوقۇلۇپ كەتمەسلىكى قاتارلىقلار ئۇلارنى يوقتىن بار قىلغان بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى ياراتقۇچى زات ئۇلارنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ پەقەتلا بىر، يەككە-يېگانىدۇر، پۈتۈن كائىنات پەقەت ئۇنىڭ تەسەررۇپى (كونتروللىقى) ئاستىدىدۇر، ئۇنىڭ تەدبىرى ۋە بۇيرۇقى بىلەن ماڭىدۇ. ئەگەر باشقۇرغۇچى ۋە بۇيرۇق قىلغۇچى بىردىن ئارتۇق بولغان بولسا، كائىناتنىڭ نىزامى بۇ قەدەر مۇستەھكەم ۋە مۇقىم بىر شەكىلدە داۋاملاشمىغان بولاتتى.

لَا تَسْجُدُواْ لِلشَّمْسِ وَلَا لِلْقَمَرِ وَٱسْجُدُواْ لِلَّهِ ٱلَّذِى خَلَقَهُنَّ إِن
كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴿٣٧﴾ فَإِنِ ٱسْتَكْبَرُواْ فَٱلَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ
يُسَبِّحُونَ لَهُۥ بِٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَهُمْ لَا يَسْـَٔمُونَ ۩ ﴿٣٨﴾ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ
أَنَّكَ تَرَى ٱلْأَرْضَ خَٰشِعَةً فَإِذَآ أَنزَلْنَا عَلَيْهَا ٱلْمَآءَ ٱهْتَزَّتْ وَرَبَتْ ۚ
إِنَّ ٱلَّذِىٓ أَحْيَاهَا لَمُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰٓ ۚ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٣٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
يُلْحِدُونَ فِىٓ ءَايَٰتِنَا لَا يَخْفَوْنَ عَلَيْنَآ ۗ

*سىلەر قۇياشقىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار①، ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر (راستتىنلا) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار② [37]. ئەگەر ئۇلار (يەنى ئاشۇ مۇشرىكلار) چوڭچىلىق قىلسا (يەنى ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن باش تارتسا، بىلىپ قويسۇنكى) رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) كېچە - كۈندۈز ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار مالال بولۇپ قالمايدۇ (زېرىكىپ قالمايدۇ) [38]. (بۇمۇ) ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇركى، سەن*

*زېمىننى قاقاس كۆرسەن③، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان چېغىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپىيىدۇ④. شۈبھىسىزكى، (ئۆلگەن) زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر⑤. چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [39]. شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغانلار بىزگە مەخپىي قالمايدۇ (يەنى بىزدىن ھەرگىز يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ)⑥،*

① چۈنكى قۇياش بىلەن ئايمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدۇر. ئۇلار نە ئىلاھىي سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس، نە ئۇنىڭغا شېرىكمۇ ئەمەس.

② ﴿خَلَقَهُنَّ﴾ «ئۇلارنى ياراتقان»دىكى چىشى جىنسلىق ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان " هُنَّ " نېمە ئۈچۈن كەلدى؟ بۇنىڭ ئىككى خىل ئېھتىمالى بار: بىرىنچى، مەزكۇر تۆت نەرسىنى ياراتقان دېگەننى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەقلى بولمىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئاياللىق جىنسىي تۈر كۆپلۈك بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئىككىنچى، «ئۇلارنى» دېگەن ئالماش قۇياش بىلەن ئاينى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئەرەب تىلشۇناسلارنىڭ قارىشىچە ئىككىلىكمۇ كۆپلۈك ھېسابلىنىدۇ. ياكى «ئۇلارنى» يۇقىرىدىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. (فەتھۇلقەدىر)

③ ﴿خَاشِعَةً﴾نىڭ مەنىسى قۇرۇپ كەتكەن، چۆلدەرەپ كەتكەن، يەنى ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ۋە ھاياتلىقتىن ئەسەرمۇ بولمىغان قاقاس زېمىننى كۆرسىتىدۇ.

④ ئۇنىڭدىن پۈرىقى ۋە تەمى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر ۋە زىرائەتلەرنى ئۆستۈرىدۇ.

⑤ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈك زېمىننى يامغۇر ئارقىلىق تىرىلدۈرۈپ، زىرائەت ئۈندۈرىدىغان مۇنبەت زېمىنغا ئايلاندۇرالىغانلىقى ئۆلۈكلەرنىمۇ قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىندۇر.

⑥ يەنى ئايەتلىرىمىزنى قوبۇل قىلماي ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلار، بۇرۇلۇپ كېتىدىغانلار، ئىنكار قىلىدىغانلار بىزگە مەخپىي قالمايدۇ، يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

"اِلْحَادٌ"نىڭ مەنىسى سۆزنى ئۆز ئورنىدىن باشقا ئورۇنغا ئىشلىتىش بولۇپ، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلايدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھۆكۈمگە ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئىدىيە ۋە نەزەرىيەلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغان، ئۇقۇمنى ئۆزگەرتىپ، ھەقىقەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدىغان باتىل پىرقىلەرمۇ كىرىدۇ.

أَفَمَن يُلْقَىٰ فِي ٱلنَّارِ خَيْرٌ أَم مَّن يَأْتِيٓ ءَامِنًا يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۚ ٱعْمَلُوا۟
مَا شِئْتُمْ ۖ إِنَّهُۥ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٤٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِٱلذِّكْرِ
لَمَّا جَآءَهُمْ ۖ وَإِنَّهُۥ لَكِتَـٰبٌ عَزِيزٌ ﴿٤١﴾ لَّا يَأْتِيهِ ٱلْبَـٰطِلُ مِنۢ بَيْنِ
يَدَيْهِ وَلَا مِنْ خَلْفِهِۦ ۖ تَنزِيلٌ مِّنْ حَكِيمٍ حَمِيدٍ ﴿٤٢﴾

***قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلىنىدىغان ئادەم ياخشىمۇ① ياكى قىيامەت كۈنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئەمىن بولغان ھالدا كېلىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟② (ئى كاپىرلار!) خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار③، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [40]. شۈبھىسىزكى، ئۆزلىرىگە قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)④. قۇرئان ھەقىقەتەن غالىب كىتابتۇر⑤ [41]. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر⑥ [42].***

① ﴿يُلْحِدُوْنَ﴾دىن تۈرلىنىپ چىققان " مُلْحِدُوْنَ " دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ئاتېيىستلار، دەھرىيلەر (خۇداسىزلار)، دىنسىزلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت دەھرىيلەر ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر (مەيلى قايسى خىلدىكى بولسۇن).

② يەنى بۇ ئىككى خىل ئادەم باراۋەر بولالامدۇ؟ ياق، ئۇلار ھەرگىز باراۋەر بولالمايدۇ. بۇ ئايەت يەنە دەھرىيلەرنىڭ دوزاخقا تاشلىنىدىغانلىقىنى، مۆئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى قورقۇنچتىن ئەمىن

بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

③ بۇ بۇيرۇق پېئىل بولسىمۇ، بۇ يەردە قورقۇتۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنىغان بولۇپ، كۇفرى، شېرىك ۋە گۇناھقا رۇخسەت بەرگەنلىك ئەمەس.

④ بۇ ئىرناق ئىچىدىكى ئىبارە " إن " باشلانغان جۇملە بۆلىكىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، جۇملىدىن قالدۇرۇلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر باشقا ئىبارىلەرنى جۇملىدىن قالدۇرۇلغان خەۋەر دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: (بىزدىن مەخپىي قالمايدۇ، يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ ياكى (ھالاك بولغۇچىلاردۇر) ياكى (كۇفرى سەۋەبلىك جازالىنىدۇ) دېگەندەك.

⑤ شۈبھىسىزكى، بىر قىسىم كىشىلەر يۈز ئۆرۈگەن ۋە بۇرمىلىماقچى بولغان بۇ كىتاب قارشى تۇرغۇچىلار ۋە تەنە قىلغۇچىلارنىڭ تەنىلىرىدىن ئۈستۈندۇر، ھەر قانداق ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر.

⑥ يەنى ئۇ ھەر جەھەتتىن قوغدالغاندۇر. «ئالدىدىن» يەنى كەم بولۇپ قىلىشتىن، «ئارقىدىن» يەنى زىيادە بولۇپ قىلىشتىن قوغدالغان ۋە ھىمايە قىلىنغان كىتابتۇر. يەنى باتىل ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن كېلىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى كەم قىلىۋېتەلمەيدۇ، ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى قوشۇپ قويالمايدۇ، ھېچكىم ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشتا غەلىبە قىلالمايدۇ. چۈنكى، بۇ كىتاب ھەربىر سۆزى ۋە ئىشىدا ھېكمەتلىك بولغان زات ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەندۇر. ئۇ ﴿حَمِيدٍ﴾ ھەم مەھمۇد يەنى مەدھىيەگە لايىقتۇر. ئۇ قايسى بىر ئىشقا بۇيرۇغان بولسا، قايسى بىر ئىشتىن چەكلىگەن بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى ۋە غايىسى ئېتىبارى بىلەن ھەممە ئىشىدا مەدھىيەگە لايىقتۇر. دېمەك ئۇنىڭ ئەمرى ۋە چەكلىمىسى بەندىلىرىگە پايدىلىقتۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

مَّا يُقَالُ لَكَ إِلَّا مَا قَدْ قِيلَ لِلرُّسُلِ مِن قَبْلِكَ ۚ إِنَّ رَبَّكَ لَذُو
مَغْفِرَةٍ وَذُو عِقَابٍ أَلِيمٍ ﴿٤٣﴾ وَلَوْ جَعَلْنَاهُ قُرْءَانًا أَعْجَمِيًّا لَّقَالُوا۟
لَوْلَا فُصِّلَتْ ءَايَٰتُهُۥٓ ۖ ءَا۬عْجَمِىٌّ وَعَرَبِىٌّ ۗ قُلْ هُوَ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
هُدًى وَشِفَآءٌ ۖ وَٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ فِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرٌ وَهُوَ عَلَيْهِمْ

عَمًىۚ أُوْلَـٰٓئِكَ يُنَادَوْنَ مِن مَّكَانٍۭ بَعِيدٍ ﴿٤٤﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا (مۇشرىكلار تەرىپىدىن) ئېيتىلغان سۆزلەر پەقەت ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە (قەۋملىرى تەرىپىدىن) ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ئۆزىدۇر①. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ (تەۋبە قىلغۇچىلار ئۈچۈن) مەغپىرەت ئىگىسىدۇر② ھەم (كاپىرلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب ئىگىسىدۇر③ [43]. مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق④، ئۇلار ئەلۋەتتە: «نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) روشەن بايان قىلىنمىدى؟⑤ پەيغەمبەر ئەرەب تۇرسا، (ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان) كىتاب ئەجەمچە بولامدۇ؟» دەيتتى⑥. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) بۇ (قۇرئان) ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك - شۈبھىگە) شىپادۇر. ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا (قۇرئاننى ئاڭلاشقا قارىتا) بىر ئېغىرلىق بار (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، (ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمىگەنلىكتىن) ئۇ (قۇرئان) ئۇلارغا نىسبەتەن بىر قاراڭغۇلۇقتۇر. ئەنە شۇلار يىراقتىن چاقىرىلىۋاتقان (ئەمما نېمىگە چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان) ئادەمگە ئوخشاشتۇر⑦ [44].***

① يەنى ئىلگىرىكى قەۋملەر پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى سېھىرگەر، مەجنۇن، يالغانچى دېگەن ئىدى. مەككە كاپىرلىرىمۇ ساڭا ئۇلارغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلدى. بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇلار سېنى ئىنكار قىلىپ، سېھىرگەر، يالغانچى، مەجنۇن دېگەن بولسا، بۇ بىر يېڭى گەپ ئەمەس، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ شۇنداق سۆزلەر دېيىلگەن ئىدى. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى مەككىلىكلەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغاندەك)، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرگىمۇ بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا، (ئۇنى ئىنكار قىلىپ): «سېھىرگەر ياكى مەجنۇن» دېگەن ئىدى. ئۇلار بۇنداق دېيىشنى (يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر - بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس)، ئۇلار ھەددىدىن

ئاشقۇچى قەۋمدۇر﴾. (سۈرە زارىيات 52-، 53-ئايەتلەر) مەزكۇر ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ساڭا كەلگەن ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە خالىس بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ئەمرى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق شەرىئەتلەر بۇ ھەقتە ئورتاقتۇر، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرىنچى دەۋىتى تەۋھىد ۋە ئىخلاس بولغان ئىدى. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى ئىمان ۋە تەۋھىد ئەھلىدىن مەغپىرەتكە لايىق بولغانلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

③ يەنى كاپىر بولغان ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەن بولغانلارنى قاتتىق جازالىغۇچىدۇر. بۇ ئايەت سۈرە ھىجىرنىڭ بۇ ئايىتىگە ئوخشايدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) مېنىڭ (مۆئمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾. (سۈرە ھىجىر 49-، 50-ئايەتلەر)

④ يەنى قۇرئاننى ئەرەب تىلىدىن باشقا بىر تىلدا نازىل قىلغان بولساق.

⑤ نېمە ئۈچۈن بىز چۈشىنىدىغان ئەرەب تىلىدا بايان قىلىنمىدى؟ چۈنكى بىز ئەرەب، ئەرەبچىنى چۈشىنىمىز، ئەجەمنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيمىز، دەيتتى.

⑥ بۇمۇ كاپىرلارنىڭ سۆزىدۇر. يەنى ئۇلار ئەجەبلەنگەن ھالدا: ئەرەبچە سۆزلەيدىغان پەيغەمبەرگە قۇرئان ئەجەم تىلىدا نازىل قىلىنىپتۇغۇ؟ دەپ ئۇنى ئىنكار قىلاتتى. دېمەك، ئاللاھ تائالا قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىپ، تۇنجى بولۇپ خىتاب قىلىنغان ئەرەبلەرگە ھېچقانداق ئۆزرە قالدۇرمىدى. ئەگەر ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا بولغان بولسا، چوقۇم ئۆزرە بايان قىلالايتتى.

⑦ يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. يىراقتىكى ئادەم ئارىلىق يىراق بولغانلىقتىن چاقىرغۇچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغاندەك، بۇ كىشىلەرمۇ قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى چۈشەنمەيدۇ.

لَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ فَٱخۡتُلِفَ فِيهِۗ وَلَوۡلَا كَلِمَةٞ سَبَقَتۡ
مِن رَّبِّكَ لَقُضِيَ بَيۡنَهُمۡۚ وَإِنَّهُمۡ لَفِي شَكّٖ مِّنۡهُ مُرِيبٖ ﴿٤٥﴾ مَّنۡ
عَمِلَ صَٰلِحٗا فَلِنَفۡسِهِۦۖ وَمَنۡ أَسَآءَ فَعَلَيۡهَاۗ وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّٰمٖ
لِّلۡعَبِيدِ ﴿٤٦﴾

***شەكسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭدا ئىختىلاپ قىلىندى. ئەگەر رەببىڭ تەرىپىدىن (ئۇلارنىڭ جازالىنىشى كېچىكتۈرۈلۈش توغرۇلۇق) ئالدىن ئېيتىلغان بىر سۆز (ۋەدە) بولمىسا ئىدى①، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى②. شەكسىزكى، ئۇلار قۇرئان توغرىسىدا چوڭقۇر شەك ئىچىدىدۇر③ [45]. كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر. رەببىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر④ [46].***

① يەنى ئۇلارنى ئازابلاشتىن بۇرۇن مۆھلەت بېرىشتىن ئىبارەت ۋەدىسى بولمىسا ئىدى. ﴿ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى ۋە لېكىن ئاللاھ ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش)نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ جازا بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾. (سۈرە فاتىر 45ـ ئايەت)

② يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دەرھال ئازاب ئەۋەتىپ، ھالاك قىلىپ بولغان بولاتتى.

③ ئۇلارنىڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقى ئاقىللىقتىن ۋە يىراقنى كۆرەلىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇلارنى بىئارام قىلغان گۇمان ۋە شەكتە قالغانلىقتىندۇر.

④ شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا پەقەت گۇناھكارلارنىلا جازالايدۇ.

۞ إِلَيۡهِ يُرَدُّ عِلۡمُ ٱلسَّاعَةِۚ وَمَا تَخۡرُجُ مِن ثَمَرَٰتٖ مِّنۡ أَكۡمَامِهَا
وَمَا تَحۡمِلُ مِنۡ أُنثَىٰ وَلَا تَضَعُ إِلَّا بِعِلۡمِهِۦۚ وَيَوۡمَ يُنَادِيهِمۡ أَيۡنَ
شُرَكَآءِي قَالُوٓاْ ءَاذَنَّٰكَ مَا مِنَّا مِن شَهِيدٖ ﴿٤٧﴾ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا
كَانُواْ يَدۡعُونَ مِن قَبۡلُۖ وَظَنُّواْ مَا لَهُم مِّن مَّحِيصٖ ﴿٤٨﴾ لَّا يَسۡـَٔمُ
ٱلۡإِنسَٰنُ مِن دُعَآءِ ٱلۡخَيۡرِ

*قىيامەتنىڭ (قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى) ئىلىم ئاللاھقا خاستۇر① . مېۋىلەرنىڭ بوغۇنلىرىدىن چىقىشى، ھەر قانداق بىر چىشىنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر② . ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە ئاللاھ ئۇلارغا: «(سىلەر ماڭا قوشۇۋالغان ئاتالمىش) شېرىكلىرىم قېنى؟» دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇلار: «ساڭا مەلۇم قىلىمىزكى، ئارىمىزدا ھېچكىم (سېنىڭ شېرىكىڭ بار دەپ) گۇۋاھلىق بېرەلمەيدۇ» دەيدۇ③ [47] . ئۇلارنىڭ ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇلاردىن غايىب بولىدۇ④ ۋە ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان جاي يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ⑤ [48]. ئىنسان (ئۆزىگە) ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ⑥ ،*

*① يەنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ ئىلمىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «قىيامەتنىڭ ۋاقتىدىن سورالغۇچى ئۇنى سورىغۇچىدىن بىلىملىك ئەمەس». بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنى بىلىش رەببىڭگە خاستۇر﴾[.(سۈرە نازىئات 44 ـ ئايەت) ﴿ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ﴾[.(سۈرە ئەئراف 187 ـ ئايەت)*

② بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىكى كامالى ئىلمىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ

ئىلىم سۈپىتىدىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا شېرىك ئەمەس. يەنى ئاللاھنىڭ ئىلىكىدىكى كامالى ئىلىم ھېچكىمدە مەۋجۇت ئەمەس، ھەتتا پەيغەمبەرلەردىمۇ ئۇ قەدەر كامالى ئىلىم يوق. ئۇلارمۇ پەقەت ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرگەننىلا بىلەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقنى بىلەلمەيدۇ. ئۇلارغا بىلدۈرگەن ۋەھيي ئىلىمىمۇ پەقەت پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە ئالاقىدار ئىلىمدۇر، باشقا پەننىي ئىلىم ۋە ھۈنەر-سانائەتكە ئالاقىدار ئەمەستۇر. شۇ ۋەجىدىن ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر مەيلى ئۇ ھەر قانچە ئۇلۇغ شەرەپكە نائىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ئىلگىرى بولغان ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى بىلگۈچى دەپ ئېتقاد قىلىش خاتادۇر. چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا خاس سۈپەتتۇر. بۇ سۈپەتكە باشقا بىرىنى شېرىك دەپ قاراش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ.

③ يەنى بۈگۈن ئارىمىزدا «سېنىڭ شېرىكىڭ بار» دەپ دېيەلەيدىغان ھېچ ئادەم يوق.

④ يەنى ئۇلار كۆزدىن غايىب بولىدۇ. چوقۇنغۇچىلار كۈتكەندەك، ئۇلار ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

⑤ ﴿ظَنُّوا﴾نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى گۇمان قىلىدۇ بولۇپ، بۇ يەردە ئېنىق بىلىدۇ دېگەن مەنىدە كەلگەن، يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلار ئاللاھتىن باشقا ئۆزلىرىنى ئازابتىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچكىمنىڭ يوقلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَءَا ٱلْمُجْرِمُونَ ٱلنَّارَ فَظَنُّوٓاْ أَنَّهُم مُّوَاقِعُوهَا وَلَمْ يَجِدُواْ عَنْهَا مَصْرِفًا﴾ ﴿گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴾.[(سۈرە كەھف 53-ئايەت)

⑥ يەنى ئىنسان پەرۋەردىگارىدىن مال-دۇنيا، ساغلاملىق، كۈچ-قۇۋۋەت، ئىززەت-ئابرۇي ۋە باشقا دۇنياۋى نېمەتلەرنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن زېرىكىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇ داۋاملىق تىلەپلا تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى «ئىنسان» دېگەن سۆز ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

وَإِن مَّسَّهُ ٱلشَّرُّ فَيَـُٔوسٌ قَنُوطٌ ﴿٤٩﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَٰهُ رَحْمَةً مِّنَّا مِنۢ
بَعْدِ ضَرَّآءَ مَسَّتْهُ لَيَقُولَنَّ هَٰذَا لِى وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن

رُّجِعْتُ إِلَىٰ رَبِّيٓ إِنَّ لِي عِندَهُۥ لَلْحُسْنَىٰۚ فَلَنُنَبِّئَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِمَا
عَمِلُوا۟ وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنْ عَذَابٍ غَلِيظٍ ﴿٥٠﴾ وَإِذَآ أَنْعَمْنَا عَلَى ٱلْإِنسَٰنِ
أَعْرَضَ وَنَـَٔا بِجَانِبِهِۦ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ فَذُو دُعَآءٍ عَرِيضٍ ﴿٥١﴾

***ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا، (قۇتۇلۇشتىن ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ① [49]. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتىن كېيىن دەرگاھىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «بۇ مېنىڭ ھەققىمدۇر②، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، شەكسىزكى، ئۇنىڭ يېنىدا ماڭا ئەڭ ياخشىسى بولىدۇ» دەيدۇ③. ئەلۋەتتە كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنى (ئۇ كۈندە) ئېيتىپ بېرىمىز ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز [50]. ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق، (ئۇ بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشتىن) باش تارتىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ④، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يەتسە (ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ) ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلغۇچى بولۇپ كېتىدۇ⑤ [51].***

① يەنى ئەگەر ئىنسانغا كۈلپەت يەتكەن ھامان مەيۈسلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئاللاھ تائالانىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىنىڭ كەيپىياتى ئۇنداق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلار، بىرىنچىدىن، دۇنيانى ئانچە تەلەپ قىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلەيدىغىنى ھەرۋاقىت ئاخىرەت ھاياتى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇلارغا كۈلپەت يەتسىمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى-كەرىمىدىن مەيۈسلىنىپ كەتمەيدۇ، بەلكى بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى سىناق، گۇناھلىرىغا كاپارەت دەپ قارايدۇ. بۇ ئارقىلىق دەرىجىلىرىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار مەيۈسلىنىشتىن تولىمۇ يىراق تۇرىدۇ.

② يەنى مەن بۇنىڭغا ھەقلىقمەن، مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سۆيۈملۈك بەندىلەردىنمەن، ئاللاھ مەندىن رازى، شۇ ۋەجدىن ئۇ ماڭا ئۆز نېمەتلىرىنى ئاتا قىلدى، دەيدۇ. ۋەھالەنكى، مال-دۇنيانىڭ ئاز ياكى كۆپ بېرىلىشى ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرگەن ياكى نارازى

بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا پەقەت سىناش ئۈچۈنلا نېمەتلەرنى ئاز ياكى كۆپ بېرىدۇ. يەنى نېمەتلەرگە كىم شۈكۈر قىلىدۇ، كۈلپەتلەرگە كىم سەۋر قىلىدۇ؟ بۇنى سىنايدۇ.

③ بۇنداق سۆزنى دەيدىغانلار مۇناپىقلار ياكى كاپىرلار بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مۇئمىنلەر ئۇنداق گەپلەرنى قىلالمايدۇ. كاپىر ئۆز خىيالىدا، مەن دۇنيادا تولىمۇ باياشات، خاتىرجەم ياشاۋاتىمەن، ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق ياشايمەن، دەپ ئويلايدۇ.

④ يەنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ھەقتىن يۈز ئۆرۈيدۇ، بويسۇنۇشتىن باش تارتىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن ۋە بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشتىن چوڭچىلىق قىلىدۇ.

⑤ يەنى ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، زارلىنىپ كېتىدۇ، كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەيدۇ. يەنى بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندە ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، ياخشى كۈن كەلگەندە ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ. دېمەك مۇسىبەت كەلگەندە نالە-پەرياد قىلىپ رەببىگە دۇئا قىلىدۇ، نېمەتكە ئېرىشكەندە رەببى يادىغا كەلمەيدۇ.

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِن كَانَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ ثُمَّ كَفَرْتُم بِهِۦ مَنْ أَضَلُّ
مِمَّنْ هُوَ فِى شِقَاقٍۭ بَعِيدٍ ﴿٥٢﴾ سَنُرِيهِمْ ءَايَٰتِنَا فِى ٱلْءَافَاقِ وَفِىٓ
أَنفُسِهِمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ ۗ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ
كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ ﴿٥٣﴾ أَلَآ إِنَّهُمْ فِى مِرْيَةٍ مِّن لِّقَآءِ رَبِّهِمْ ۗ أَلَآ إِنَّهُۥ
بِكُلِّ شَىْءٍ مُّحِيطٌۢ ﴿٥٤﴾

*(ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچىلارغا) ئېيتقىنكى: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇ (قۇرئان مەن ئېيتقاندەك) ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان بولسا، ئاندىن سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان بولساڭلار، مۇخالىپەتچىلىكتە (سىلەردەك ھەقىقەتتىن يىراقلىشىپ كەتكەن ① ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ (يەنى سىلەردىنمۇ ئازغۇن ئادەم يوق)» ② [52]. ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى*

*ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئۇپۇقتىكى (يەنى ئاسمان ـ زېمىن ئەتراپىدىكى) ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز③، رەببىڭنىڭ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (ھەمدە قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغانلىقى سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ ئىسپاتى بولۇشقا ئۇلارغا) يېتەرلىك (دەلىل) ئەمەسمۇ؟④ [53]. بىلىڭلاركى، ئۇلار رەببىنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقى ھەققىدە شەك ئىچىدىدۇر⑤، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى (ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن) قورشاپ تۇرغۇچىدۇر⑥ [54].*

① ﴿ شِقَاق﴾ تەرسا، زىت، قارشى تۇرۇش، مۇخالىپەتچىلىك مەنىسىدە بولۇپ، ﴿ بَعِيدٍ﴾ يىراق دېگەن سۆز بىلەن بىرلىشىپ، قاتتىق قارشى تۇرۇش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ھەقىقەتكە ناھايىتى قاتتىق قارشى تۇرىدىغان، ئۇنىڭغا قاتتىق مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىغان، ھەتتا ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننىمۇ ئىنكار قىلىدىغان كىشىدىنمۇ گۇمراھ ۋە بەتبەخت كىشى بولامدۇ؟

② يەنى بۇنداق ئەھۋالدا سىلەردىنمۇ زىيادە گۇمراھ ۋە دۈشمەن ئادەم بولامدۇ؟

③ بۇ ئارقىلىق قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى ئۇلارغا ئاشكارا قىلىمىز. يەنى ﴿أَنَّهُ﴾دىكى ئۇچىنچى شەخس ئالماش قۇرئاننى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇ ئالماش ئىسلامنى ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. بۇ جۈملە ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿الْآفَاقِ﴾ '' أُفُقٌ'' (ئۇپۇق)نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. دېمەكو بىز ئۇلارغا ئۇپۇقتىكى يەنى ئەتراپتىكى قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان بەلگىلەرنى ۋە دەلىللەرنىمۇ كۆرسىتىپ تۇرىمىز. ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى دەلىللەرنىمۇ كۆرسىتىپ تۇرىمىز. مەسىلەن، ئۇپۇقتىكى يەنى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى قۇدرىتىمىزنىڭ بەلگىلىرى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، كېچە، كۈندۈز، شامال، يامغۇر، چاقماق، ھەسەن ـ ھۈسەن، گۈلدۈرماما، ئۆسۈملۈكلەر، دەرەخلەر، تاغلار، دەريالار، دېڭىز ـ ئوكيانلاردۇر. «ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى دەلىللەر» ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى، جىسمى تەركىپ تاپقان ماددا ۋە ئېلېمېنتلارنى كۆرسىتىدۇ.

تېببىي تەتقىقاتلاردا بۇلارنىڭ ھېكمىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇلار ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ۋە ئالامەتلەردۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿الْاٰفَاقِ﴾ دېگەندىن مەشرىق ۋە مەغرىبتىكى يىراق رايونلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى شۇنداق يىراق رايونلار ۋە شەھەرلەرنى فەتھى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئىدى. ﴿فِيْ اَنْفُسِهِمْ﴾ «ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى دەلىللەر» ئەرەب زېمىنلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى، بەدر غازىتى، مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى قاتارلىق غەلىبىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ غازاتلاردا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ساھابىلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردۇر.

④ بۇ يەردىكى سوئال ئۆزىگە تەستىقلىتىش ئۈچۈن كەلگەن. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا ۋە گۇۋاھ بولۇشقا كۇپايىدۇر. ئۇ ئاللاھ ئۆزى شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، بۇ قۇرئان ئۆزىنىڭ كالامىدۇر، ئۇنى راستچىل پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغاندۇر.

⑤ چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىش توغرىسىدا پىكىر قىلمايدۇ، نە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلمۇ قىلمايدۇ، نە ئۇ كۈندىن ھەزەر ئەيلىمەيدۇ.

⑥ شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىيامەتنى بەرپا قىلىش ھەرگىز مۇشكۈل ئىش ئەمەس، چۈنكى بارلىق مەخلۇقات ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ھۆكمى بىلەن ئىدارە قىلغۇچىدۇر. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىپ كەلدى، قىلىدۇ، قىلالايدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئۇنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ.

# سۈرە شۇرا

| (٤٢) سورة الشورى مكية ٥٣ آية | (42) سۈرە شۇرا مەككىدە چۈشكەن 53 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

حمٓ ﴿١﴾ عٓسٓقٓ ﴿٢﴾ كَذَٰلِكَ يُوحِيٓ إِلَيۡكَ وَإِلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكَ ٱللَّهُ
ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣﴾ لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ
ٱلۡعَظِيمُ ﴿٤﴾ تَكَادُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ يَتَفَطَّرۡنَ مِن فَوۡقِهِنَّۚ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ
يُسَبِّحُونَ بِحَمۡدِ رَبِّهِمۡ وَيَسۡتَغۡفِرُونَ لِمَن فِي ٱلۡأَرۡضِۗ أَلَآ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ
ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥﴾

**ھامىم *[1]*، ئەيىن، سىين، قاف *[2]*. غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە مۇشۇنداق ۋەھيي قىلىدۇ① *[3]*. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)، ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇلۇغدۇر *[4]*. ئاسمانلار (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئەيمىنىپ، مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن سۆزىگە غەزەپلىنىپ) يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ②، پەرىشتىلەر رەببىنى مەدھىيلەپ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە (مۇئمىنلەرگە)**

***مەغپىرەت تىلەپ تۇرىدۇ③. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر④ [5].***

① يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا بۇ قۇرئاننى نازىل قىلغاندەك، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ مۇشۇنداق كىتابلارنى ۋە سەھىپىلەرنى نازىل قىلغان ئىدى. «ۋەھيي» دېگەن ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلىرىگە ئەۋەتىدىغان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ھارىس ئىبنى ھىشام (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھيي ساڭا قانداق كېلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى: «ۋەھيي ماڭا بەزى چاغلاردا قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق كېلىدۇ. ئۇ ماڭا قاتتىق تۇيۇلىدۇ، ماڭا ۋەھيي نازىل بولۇشتىن توختىغان ھامان، مەن ئۇنى ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن. بەزى چاغلاردا جىبرىل ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ ماڭا سۆزلەيدۇ، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: «مەن قاتتىق سوغۇق كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي نازىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ۋەھيي توختىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىۋاتاتتى». (سەھىھۇل بۇخارى 2-ھەدىس)

② ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىدىن ئاسمانلار پارچە-پارچە بولۇپ كېتىشكە تاس قالىدۇ.

③ پەرىشتىلەرنىڭ قىلىدىغان بىر ئىشى شۇكى، ئۇلار ئاللاھنى بارچە ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيىلەرنى ئوقۇيدۇ. ئىككىنچى بىر ئىشى شۇكى، ئۇلار مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ.

④ يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا، ئىتائەتمەن كىشىلەرگە ياكى جىمى بەندىلەرگە مېھرىباندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ۋە ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغان گۇناھكارلارنى دەرھال جازالىمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا مۇئەييەن مۇددەتكىچە مۆھلەت بېرىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە ئەپۇچانلىقىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهُ حَفِيظٌ عَلَيۡهِمۡ وَمَآ أَنتَ
عَلَيۡهِم بِوَكِيلٖ ٦ وَكَذَٰلِكَ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ قُرۡءَانًا عَرَبِيّٗا لِّتُنذِرَ أُمَّ
ٱلۡقُرَىٰ وَمَنۡ حَوۡلَهَا وَتُنذِرَ يَوۡمَ ٱلۡجَمۡعِ لَا رَيۡبَ فِيهِۚ فَرِيقٞ فِي
ٱلۡجَنَّةِ وَفَرِيقٞ فِي ٱلسَّعِيرِ ٧ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَهُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ
وَلَٰكِن يُدۡخِلُ مَن يَشَآءُ فِي رَحۡمَتِهِۦۚ وَٱلظَّٰلِمُونَ مَا لَهُم مِّن وَلِيّٖ
وَلَا نَصِيرٍ ٨

*ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئۆزىگە مەدەتكار قىلىۋالغانلارنى ئاللاھ كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر①، (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن② [6]. مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ③ ۋە (كىشىلەرنى كېلىدىغانلىقىدا) قەتئىي شەك بولمىغان جەم قىلىش كۈنىدىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن)④ ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى ۋەھىي قىلدۇق⑤، (ئۇ كۈندە ئىنسانلاردىن) بىر پىرقە جەننەتتە، يەنە بىر پىرقە جەھەننەمدە بولىدۇ⑥ [7]. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۇممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى⑦، لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ. (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار يوقتۇر [8].*

① يەنى ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ ۋە شۇ ئەمەللىرىگە ئاساسەن ئۇلارنى جازالايدۇ.

② يەنى سەن ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا كىرگۈزۈشكە ياكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا قارىتا جازا بېرىشكە مەسئۇل ئەمەس، بەلكى ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت دەۋەت قىلىش (يەنى دىننى يەتكۈزۈشتۇر).

③ ﴿أُمَّ الْقُرٰى﴾ مەككىنىڭ ئىسمى بولۇپ، «شەھەرلەرنىڭ ئانىسى» دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىلىشتىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئەرەب

شەھەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي ھەم ئەڭ مۇقەددەس شەھەردۇر. گويا بارلىق شەھەرلەر بۇ شەھەردىن تۇغۇلغاندەك، ئۇ «شەھەرلەرنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالدى. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن مەككىنىڭ ئاھالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿وَمَنْ حَوْلَهَا﴾ «ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى» دېگەندە ئۇنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە ياشايدىغان كىشىلەرنى، جۇملىدىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، قۇرئاننى ۋەھيي قىلدۇق، ئەگەر ئۇلار كۇفرى ۋە شېرىكتىن يانمىسا، ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولۇپ قالىدۇ.

④ بۇ يەردە قىيامەت كۈنى ﴿يَوْمَ الْجَمْعِ﴾ «جەم بولىدىغان كۈن» دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇ كۈندە ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق ئىنسانلار جەم بولىدۇ. ئۇ كۈندە زالىممۇ، زۇلۇم قىلىنغۇچىمۇ، كاپىرمۇ، مۇئمىنمۇ، ھەممىسى جەم بولىدۇ، ھەر كىم ئۆز ئەمەلىگە يارىشا جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

⑤ يەنى سەندىن ئىلگىرىكى ھەربىر پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان قىلىپ ئەۋەتكىنىمىزدەك، ساڭىمۇ قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق. چۈنكى، سېنىڭ قەۋمىڭ مۇشۇ تىلنى بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ.

⑥ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەن، چەكلىگەن نەرسىلەردىن ۋە ھارامدىن يىراق ياشىغان كىشىلەر جەننەتتە بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغان، ھارامدىن ساقلانمىغان كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ. ئۇ كۈندە مانا مۇشۇنداق ئىككى پىرقىلا بولىدۇ، ئۈچىنچى بىر پىرقە بولمايدۇ.

⑦ شۇنداق بولغاندا قىيامەت كۈنى پەقەت بىرلا پىرقە يەنى جەننەت ئەھلى بولغان مۇئمىنلەر پىرقىسىلا بولاتتى. لېكىن، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى مەجبۇرلاشنى ياقتۇرمىدى. بەلكى، ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بەردى. كىمكى بۇ ئەركىنلىكنى توغرا ئىشلەتكەن بولسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولغان بولىدۇ؛ خاتا ئىشلەتكەن بولسا، ئاللاھ بەرگەن ئىختىيار ۋە تاللاش ئەركىنلىكىنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشقا ئىشلىتىپ، ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. بۇنداق زالىملارغا قىيامەت كۈنى ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ.

أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَۖ فَٱللَّهُ هُوَ ٱلۡوَلِيُّ وَهُوَ يُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَهُوَ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٩ وَمَا ٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِيهِ مِن شَيۡءٖ فَحُكۡمُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۚ ذَٰلِكُمُ
ٱللَّهُ رَبِّي عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ أُنِيبُ ١٠ فَاطِرُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ جَعَلَ لَكُم
مِّنۡ أَنفُسِكُمۡ أَزۡوَٰجٗا وَمِنَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ أَزۡوَٰجٗا يَذۡرَؤُكُمۡ فِيهِۚ لَيۡسَ كَمِثۡلِهِۦ
شَيۡءٞۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ١١

***بەلكى ئۇلار ئاللاھتىن باشقىلارنى مەدەتكار قىلىۋالدى، پەقەت ئاللاھلا ھەقىقىي مەدەتكاردۇر، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر① [9]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) سىلەر قانداقلا بىر نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشساڭلار، ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھقا خاستۇر②. ئەنە شۇ ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر، مەن ئۇنىڭغىلا تاياندىم، (ھەممە ئىشتا) ئۇنىڭغىلا مۇراجىئەت قىلىمەن [10]. (ئاللاھ) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى (يەنى ئاياللارنى) يارىتىپ بەردى③. ھايۋانلارغىمۇ (ئۆز تىپىدىن) جۈپلەرنى يارىتىپ بەردى④. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ سىلەرنى كۆپەيتىۋاتىدۇ⑤، ئاللاھقا ئوخشايدىغان ھېچ شەيئى يوقتۇر⑥، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [11].***

① دېمەك قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، پايدا-زىيان يەتكۈزۈش سالاھىيىتى يوق، ئاڭلاش ۋە جاۋاب بېرىش ئىقتىدارىمۇ يوق نەرسىلەر مەدەتكار بولۇشقا ۋە ئىبادەتكە لايىق ئەمەس، بەلكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئاللاھ ھەقىقىي مەدەتكاردۇر ۋە ئىبادەتكە لايىقتۇر.

② بۇ يەردىكى «ئىختىلاپ» دېگەندىن يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە ئىسلام قاتارلىق دىنلار ئارىسىدىكى دىنىي ئىختىلاپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى توغرا دەپ دەۋا قىلىدۇ، ۋەھالەنكى، ھەممە دىنلار بىرلا ۋاقىتتا توغرا بولمايدۇ. توغرا دىن پەقەت بىر بولىدۇ، پەقەت بىر دىنلا توغرا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىدۇر. دۇنيادا توغرا دىن ۋە ھەق يولنى تونۇش ئۈچۈن ئاساسلىق مەنبە

ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان كەرىم باردۇر. لېكىن، دۇنيادىكى ئىنسانلار بۇ ئىلاھىي كالامنى ئۆزلىرىگە دەستۇر ۋە ھاكىم قىلىشقا ماقۇل كەلمەيۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىختىلاپ ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. دېمەك بۇ ئىشلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش قىيامەت كۈنىدە بولىدۇ، ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىپ، راستچىل مۇسۇلمانلارنى جەننەتكە داخىل قىلىدۇ، ئىنكارچىلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ.

③ يەنى ئاللاھنىڭ جۈپتۈڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى سىلەرگە قىلغان مەرھەمىتىدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئاياللىرىڭلارنى ئىنسانلاردىن قىلماي، باشقا بىر مەخلۇقتىن ياراتقان بولسا، ئۇ چاغدا سىلەر بىلەن شەكىلداش بولغان ئاياللىڭلاردىن ھاسىل بولىدىغان ئۈنسى-ئۈلپەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت سىلەرگە ھاسىل بولمىغان بولاتتى.

④ يەنى سىلەرنى ئەركەك ۋە چىشى قىلىپ ياراتقاندەك، ھايۋانلارنىمۇ ئۆز تىپىدىن بىر جۈپ قىلىپ ياراتتى. بۇ يەردىكى ھايۋانلاردىن ئەركەك-چىشى بولۇپ سەككىز جۈپ چارۋا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار سۈرە ئەنئامدا تىلغا ئېلىنغان ھايۋانلاردۇر.

⑤ ﴿يَذْرَؤُكُمْ﴾نىڭ مەنىسى يارىتىش، تېرىش، كۆپەيتىش، يەنى سىلەرنى يارىتىپ كۆپەيتىۋاتىدۇ ياكى بىر نەسىلدىن كېيىن يەنە بىر نەسىلنى يارىتىۋاتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ نەسلىنىمۇ ۋە ھايۋانلارنىڭ نەسلىنىمۇ كۆپەيتىۋاتىدۇ. ﴿فِيْهِ﴾نىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئەزەلدىن «مۇشۇ يوسۇندا، مۇشۇنداق سۈپەتتە» يارىتىپ كېلىۋاتىدۇ ياكى ئانىلارنىڭ «رەھمىدە ياكى قورسىقىدا» يارىتىپ كېلىۋاتىدۇ دېگەن بولىدۇ. ئەگەر ﴿فِيْهِ﴾نى " بە" مەنىسىدە كەلگەن دەپ ئالساق، سىلەرنى ئەر-خوتۇن قىلىش ئارقىلىق نەسلىڭلارنى يارىتىپ، كۆپەيتىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئەر-خوتۇنلۇق نەسلىنىڭ داۋام قىلىشىغا سەۋەبتۇر، دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑥ ئۇنىڭ نە زاتىدا، نە سۈپىتىدە ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوقتۇر، ئۇ ئۆز ئۆزىگە تەڭداشتۇر، زاتى ۋە سۈپىتىدە يەككە-يېگانىدۇر، ھەممىدىن بىھاجەتتۇر.

لَهُۥ مَقَالِيدُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ
إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿١٢﴾ ۞ شَرَعَ لَكُم مِّنَ ٱلدِّينِ مَا وَصَّىٰ بِهِۦ
نُوحٗا وَٱلَّذِيٓ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ وَمَا وَصَّيۡنَا بِهِۦٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ
وَعِيسَىٰٓۖ أَنۡ أَقِيمُواْ ٱلدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُواْ فِيهِۚ

***ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى① ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى (سىناش يۈزىسىدىن) كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى بالاغا مۇپتىلا قىلىپ سىناش يۈزىسىدىن) تار قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [12]. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ «دىننى بەرپا قىلىڭلار②، دىندا بۆلۈنمەڭلار③» دەپ، دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا ۋەھيى قىلغانلىرىمىزنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا تەۋسىيە قىلغانلىرىمىزنى سىلەرگە دىن قىلىپ بەلگىلىدى④.***

① ﴿مَقَالِيدُ﴾ " مِقْلِيْدٌ وَ مَقَلَادٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئاچقۇچلار يەنى خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى دېگەن مەنىدە.

② ﴿الدِّيْنِ﴾ دېگەندە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنى بىر ۋە بار دەپ ئېتىقاد قىلىش، پەيغەمبەرلەرگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىنى قوبۇل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئۇلار قەۋملىرىنى مۇشۇ دىنغا دەۋەت قىلىپ كەلگەن، گەرچە ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە تۇتقان يوللىرىدا بىر قىسىم ئوخشىماسلىقلار بولسىمۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾. (سۈرە مائىدە 48-ئايەت) دېمەك مەزكۇر ئاساسىي ئۇسۇل-قائىدىلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق ئىدى. بۇ نۇقتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق بايان قىلغان: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى ئانىلىرى باشقا قېرىنداشلارمىز، ئەمما بىزنىڭ دىنىمىز بىردۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 3443-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2365-ھەدىس) مانا بۇ يەردە دېيىلگۈاتقان ئورتاقلىقمۇ دەل دىن، تەۋھىد

ۋە پەيغەمبەرگە بويسۇنۇشتىكى ئورتاقلىقتۇر. يەنى بۇلار تارماق مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز. تارماق مەسىلىلەردە كەلتۈرۈلگەن دەلىللەرنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ياكى دەلىللەرنى چۈشىنىشتىكى ئوخشىماسلىقتىن ئىختىلاپنىڭ مەۋجۇت بولۇشى نورمال ئىشتۇر. چۈنكى، تارماق مەسىلىلەردە ئىجتىهات قىلىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. ئەمما تەۋھىد ۋە بويسۇنۇش تارماق مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئاساسىي ئۇسۇل-قائىدىلەردىن بولۇپ، بۇلارغا ئاساسەن ئىمان بىلەن كۇفرى ئايرىلىدۇ.

③ يەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش (ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ئەسلىدە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلىق بولۇپ) بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھقا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىش ياكى ئۇنىڭغا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋېلىش تەپرىقىچىلىك ۋە بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا بۇ يەردە «دىندا بۆلۈنمەڭلار» دەپ، بۆلۈنۈشنى چەكلىدى.

④ ﴿شَرَعَ﴾نىڭ مەنىسى بايان قىلدى، يولغا قويدى، بەلگىلىدى. ﴿لَكُمْ﴾ «سىلەرگە» دېگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قىلىنغان خىتابتۇر. مەقسەت شۇنى ئۇقتۇرۇشكى، ئاللاھ سىلەرگە سىلەردىن ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن يولىيورۇق ۋە ئەھكاملارنى دىن قىلىپ بەلگىلىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىر قانچە شەرىپى ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرنىڭ ناملىرىنى تىلغا ئالدى.

كَبُرَ عَلَى ٱلْمُشْرِكِينَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِۚ ٱللَّهُ يَجْتَبِيٓ إِلَيْهِ مَن يَشَآءُ
وَيَهْدِيٓ إِلَيْهِ مَن يُنِيبُ ١٣ وَمَا تَفَرَّقُوٓاْ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَهُمُ
ٱلْعِلْمُ بَغْيَۢا بَيْنَهُمْۚ وَلَوْلَا كَلِمَةٞ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى
لَّقُضِيَ بَيْنَهُمْۚ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُورِثُواْ ٱلْكِتَٰبَ مِنۢ بَعْدِهِمْ لَفِي شَكّٖ
مِّنْهُ مُرِيبٖ ١٤ فَلِذَٰلِكَ فَٱدْعُۖ وَٱسْتَقِمْ كَمَآ أُمِرْتَۖ وَلَا تَتَّبِعْ
أَهْوَآءَهُمْۖ

*(ئالـلاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىپ، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشتىن ئىبارەت) سەن (ئۇ) مۇشرىكلارنى دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ (دىن) ئۇلارغا ئېغىر كەلدى①. ئالـلاھ ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ② ۋە ئۆزى تەرەپكە (يەنى تائەتكە) قايتىدىغان ئادەمنى ئۇنىڭغا باشلايدۇ (مۇۋەپپەق قىلىدۇ)③ [13]. (يەھۇدىي، ناسارا قاتارلىقلار) ئۇلارغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا (يەنى ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا)، ھەسەت قىلىشىپ ئۆزئارا پىرقىلەرگە بۆلۈندى④. ئەگەر رەببىڭنىڭ (ئۇلارنى جازالاشنى) مەلۇم مۇددەتكىچە تەخىر قىلىش (ھەققىدىكى) سۆزى ئالدىن دېيىلمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان (يەنى جازاسى شۇ ۋاقىتتىلا بېرىلگەن) بولاتتى⑤. ئۇلاردىن كېيىن كىتابقا ۋارىسلىق قىلغانلار (يەنى رەسۇلۇللاھ بىلەن زاماندا بولغان يەھۇدىي ۋە ناسارالار) كىتاب توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ـ شۈبھە ئىچىدە بولۇپ كەلدى⑥ [14]. شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىن ئارىسىدا بۆلۈنگەنلىكى ئۈچۈن) (ئى پەيغەمبەر! سەن بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) مۇستەھكەم تۇرغىن⑦، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن⑧*

① يەنى سەن دەۋەت قىلغان شۇ تەۋھىد، ئالـلاھقا ۋە رەسۇلىغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بۇ دىن مۇشرىكلارغا ئېغىر كەلدى.

② يەنى ئالـلاھ كىمنى ھىدايەتكە لايىق دەپ قارىسا، شۇنى ھىدايەتكە تاللايدۇ.

③ ئالـلاھ ئۆزى تەرەپكە يەنى ئۆزىنىڭ ئىبادىتى ۋە ئىتائىتىگە قايتىدىغان ئادەمنى بۇ دىننى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئىبادەتنى خالىس قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

④ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىلىم يەنى ھەق يېتىپ كەلگەن ۋە دەلىل-پاكىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈش يولىنى تاللىدى، (ھەقنى تاللىمىدى). ۋەھالەنكى، ئىختىلاپ قىلىشقا (رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا يول تۇتۇشقا ياكى ئۆزلىرىنىڭ

دىنىدا قىلىشقا) ھېچ ئورۇن قالمىغان ئىدى. ئۇلار پەقەت ھەسەتخورلۇق، تەرسالىق، ئۆچمەنلىك، بويۇنتاۋلىقتىن شۇنداق قىلدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار يەھۇدىيلار ئىدى، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار مەككىدىكى قۇرەيشلەر ئىدى.

⑤ يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى جازالاشنى قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرۈشتىن ئىبارەت دەسلەپتىكى قارارى بولمىسا ئىدى، ئۇلارغا دەرھال ئازاب ئەۋەتىپ ھالاك قىلغان بولاتتى.

⑥ بۇلار ئىلگىرىكى يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن كېيىن تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ۋارىسلىق قىلغان كېيىنكى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى كۆرسىتىدۇ. ياكى ئاللاھ تائالا قۇرئان نازىل قىلغان ئەرەبلەر يەنى قۇرئانغا ۋارىس قىلىنغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقى ئۇقۇم ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردىكى ﴿الْكِتَٰبَ﴾ دېگەندىن تەۋرات ۋە ئىنجىل كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. ئىككىنچى ئۇقۇم ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭدىن قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑦ يەنى ئۇلار تېگىرقاش ۋە شەك-شۈبھىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، سەن ئۇلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلغىن ۋە بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرغىن.

⑧ يەنى مۇشرىكلارنىڭ ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلەرگە، مەسىلەن، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن پەيدا قىلغان نەرسىلەرگە ئەگەشمىگىن، يەنى ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلمىغىن.

وَقُلْ ءَامَنتُ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِن كِتَٰبٍۖ وَأُمِرْتُ لِأَعْدِلَ بَيْنَكُمُۖ
ٱللَّهُ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْۖ لَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَٰلُكُمْۖ لَا حُجَّةَ بَيْنَنَا
وَبَيْنَكُمُۖ ٱللَّهُ يَجْمَعُ بَيْنَنَاۖ وَإِلَيْهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٥﴾ وَٱلَّذِينَ يُحَآجُّونَ فِى
ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ مَا ٱسْتُجِيبَ لَهُۥ حُجَّتُهُمْ دَاحِضَةٌ عِندَ رَبِّهِمْ
وَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ وَلَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ ﴿١٦﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ ٱلْكِتَٰبَ
بِٱلْحَقِّ وَٱلْمِيزَانَۗ

*ۋە ئېيتقىنكى: «مەن ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە*

*ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلدۇم①، ئاللاھ بىزنىڭ رەببىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈش (زۆرۈرىيىتى) يوق، (چۈنكى ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)②. (بەرىبىر قىيامەت كۈنى) ئاللاھ ھەممىمىزنى (ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر» [15]. (كىشىلەر ئىسلامغا كىرىپ) ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، (ئۇلارنى توسۇش ئۈچۈن) ئاللاھ (نىڭ دىنى) توغرۇلۇق خۇسۇمەت قىلىشقانلارنىڭ③ دەلىللىرى (دەۋالىرى) رەببىنىڭ دەرگاھىدا باتىلدۇر (يەنى بىكاردۇر)④، ئۇلار (دۇنيادا) غەزەپكە ئۇچرايدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار [16]. ئاللاھ كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەق بىلەن نازىل قىلغان ۋە مىزاننى (يەنى ئادالەتنى نازىل قىلغان)⑤ زاتتۇر.*

① يەنى ئەگەر سىلەر ئاراڭلاردىكى قانداق بىر مەسىلە ھەققىدە ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ ئالدىمغا كەلسەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىمەن.

② يەنى ئارىمىزدا دەتالاشقا ئورۇن يوق. چۈنكى، ھەقىقەت ئاشكارا ۋە ئېنىق بولۇپ بولدى.

③ يەنى بۇ خۇسۇمەت قىلىشقانلار مۇشرىكلار بولۇپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ بولغان مۇسۇلمانلارنى ھىدايەت يولىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن خۇسۇمەت قىلىشاتتى. يەنە بىر قاراشتا، ئۇلار يەھۇدىي ۋە ناسارالار بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن خۇسۇمەت قىلىشاتتى ۋە ئۇلارغا: بىزنىڭ دىنىمىز سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن ياخشى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلاردىن ئىلگىرى كەلگەن، شۇڭا بىز سىلەردىن ئەۋزەل، دەيتتى.

④ خۇسۇمەت قىلىشقانلارنىڭ دەلىللىرى ﴿دَاحِضَةٌ﴾ ئاجىز، باتىل، بىكاردۇر.

⑤ بۇ يەردىكى ﴿الْكِتٰبَ﴾ تۈرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، بارلىق

ساماۋى كىتابلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە قانچىلىك كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەق ۋە راستتۇر. يەنە بىر مەنىسى ﴿الْكِتٰبَ﴾ بۇ يەردە پەقەت قۇرئان كەرىمگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ﴿الْمِيْزَانَ﴾ دېگەندە ئادالەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردە ئادالەت مىزان دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مىزان دېگەن ئىنساپ ۋە باراۋەرلىكنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋابتۇر. بۇ مىزان ئارقىلىقلا كىشىلەر ئارىسىدا باراۋەرلىك ۋە ئادالەت بەرپا قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. بۇ ئايەت بىلەن مەنىداش يەنە ئىككى ئايەت بار بولۇپ، ئۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى ۋە مىزاننى چۈشۈردۇق﴾. (سۈره ھەدىد 25-ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ مىزاننى (يەنى تارازىنى) بېكىتتى. ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا (تارتىپ بەرگەندە) كەم بەرمەڭلار﴾ .(سۈره رەھمان 7-، 8-، 9-ئايەتلەر).

**وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ قَرِيبٌ ﴿١٧﴾ يَسْتَعْجِلُ بِهَا ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِهَا ۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مُشْفِقُونَ مِنْهَا وَيَعْلَمُونَ أَنَّهَا ٱلْحَقُّ ۗ أَلَآ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُمَارُونَ فِى ٱلسَّاعَةِ لَفِى ضَلَٰلٍۭ بَعِيدٍ ﴿١٨﴾ ٱللَّهُ لَطِيفٌۢ بِعِبَادِهِۦ يَرْزُقُ مَن يَشَآءُ ۖ وَهُوَ ٱلْقَوِىُّ ٱلْعَزِيزُ ﴿١٩﴾ مَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ ٱلْءَاخِرَةِ نَزِدْ لَهُۥ فِى حَرْثِهِۦ ۖ وَمَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ ٱلدُّنْيَا نُؤْتِهِۦ مِنْهَا وَمَا لَهُۥ**

***سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكىم قىيامەت يېقىندۇر① [17]. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ تېز بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ②، ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەر بولسا ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ③، بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق جېدەللىشىدىغانلار④ ئەلۋەتتە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر⑤ [18]. ئاللاھ بەندىلىرىگە بەكمۇ كۆيۈمچاندۇر، ئۇ خالىغان ئادەمگە (كەڭ) رىزىق بېرىدۇ، ئاللاھ***

***ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [19]. كىمكى (قىلغان ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ھوسۇلىنى (يەنى ساۋابىنى) كۆزلىسە، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى (يەنى ساۋابىنى) ئاشۇرۇپ بېرىمىز⑥، كىمكى (قىلغان ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ ھوسۇلىنى (يەنى ساۋابىنى) كۆزلىسە، (ئۇ كۆزلىگەن) ھوسۇلدىن بىر قىسمىنى بېرىمىز⑦.***

① ﴿قَرِيبٌ﴾ «يېقىن» دېگەن سۆز ئەركەك ۋە چىشى جىنسلىق ئىسىملارغا سۈپەت بولۇپ كېلىدۇ. خۇسۇسەن سۈپەتلەنگۈچى ھەقىقىي چىشى جىنسلىق بولمىغاندا، مەسىلەن: ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴾. (سۈرە ئەئراف 56-ئايەت) (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى ئۇلار مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن قىيامەتنىڭ كېلىشىنى يىراق ساناپ، ئۇ قاچان كېلىدۇ؟ تېزراق كەلسۇن، دەيدۇ.

③ سەۋەبى شۇكى، مۇئمىنلەر بىرىنچىدىن: قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ. ئىككىنچىدىن: ئۇ كۈندە قاتتىق ھېساب بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشتىن قورقىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ﴿رەببىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرۇپ، سەدىقە بېرىدىغان كىشىلەر﴾. (سۈرە مۇئمىنۇن 60-ئايەت)

④ ﴿يُمَارُونَ﴾ " مُمَارَاةٌ " دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، جېدەللىشىش، دەتالاش قىلىش دېگەن مەنىدە. ياكى " مِرْيَةٌ " دېگەن سۆزدىن چىققان دەپ ئالساق، شۈبھىلەنمەك، شەكلەنمەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى قىيامەتتىن شەكلىنىدىغانلار دېگەن بولىدۇ.

⑤ چۈنكى ئۇلار ئىمانغا باشلايدىغان دەلىل ۋە مۆجىزىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ خىلدىكى دەلىل-پاكىتلار ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كېچە-كۈندۈز نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئازراق ئەقلىنى ئىشلەتسە، ئۇلارنى چۈشىنەلەيدۇ. ئەمما، ئۇلار چوڭقۇر گۇمراھلىقتا قالغانلىقتىن، ھەقتىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەندۇر.

⑥ ﴿حَرْثَ﴾نىڭ مەنىسى ئېكىن، ھوسۇل بولۇپ، بۇ يەردە ئىستىئارە تەرىقىسىدە ئەمەللەرنىڭ ساۋابى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. دېمەك، كىمكى دۇنيادا ئۆز مېھنىتى ۋە ئەمەلى ئارقىلىق ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى

ۋە مۇكاپاتىنى كۆزلىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ھوسۇلىنى زىيادە قىلىدۇ، ساۋابىنى ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، بىر ياخشىلىققا بېرىدىغان ساۋابنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ.

⑦ يەنى دۇنيانى كۆزلىگەن كىشىگە ئاللاھ تائالا دۇنيا بېرىدۇ، ئەمما ئۇ خالىغاندەك كۆپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزى قانچىلىك بېرىشنى خالىغان ۋە تەقدىر قىلغان بولسا، شۇنچىلىك بېرىدۇ.

فِى ٱلْءَاخِرَةِ مِن نَّصِيبٍ ﴿٢٠﴾ أَمْ لَهُمْ شُرَكَٰٓؤُا۟ شَرَعُوا۟ لَهُم مِّنَ ٱلدِّينِ
مَا لَمْ يَأْذَنۢ بِهِ ٱللَّهُ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةُ ٱلْفَصْلِ لَقُضِىَ بَيْنَهُمْ ۗ وَإِنَّ
ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٢١﴾ تَرَى ٱلظَّٰلِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا
كَسَبُوا۟ وَهُوَ وَاقِعٌۢ بِهِمْ ۗ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فِى
رَوْضَاتِ ٱلْجَنَّاتِ ۖ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ عِندَ رَبِّهِمْ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَضْلُ
ٱلْكَبِيرُ ﴿٢٢﴾ ذَٰلِكَ ٱلَّذِى يُبَشِّرُ ٱللَّهُ عِبَادَهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟
ٱلصَّٰلِحَٰتِ ۗ قُل لَّآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا إِلَّا ٱلْمَوَدَّةَ فِى ٱلْقُرْبَىٰ ۗ

*ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچبىر نېسىۋە يوقتۇر① [20]. ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن مەبۇدلىرى بارمىكەن؟② (ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەرھال (دۇنيادىلا) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى. شەكسىزكى، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارغا (يەنى كاپىرلارغا) قاتتىق ئازاب بار [21]. (ئى پەيغەمبەر!) بۇ زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ (قىيامەت كۈنى دۇنيادا) قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن③، (ئۇلار مەيلى قورقسۇن، قورقمىسۇن) جازا ئۇلارغا (چوقۇم) چۈشكۈچىدۇر④. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بولسا جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىدا بولىدۇ، ئۇلار رەببىنىڭ ھوزۇرىدا خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ،*

***بۇ كاتتا ئىنئامدۇر [22]. ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە خۇش خەۋەر بەرگەن (ئىنئام) ئەنە شۇدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەردىن بۇنىڭغا (يەنى دىنىي يەتكۈزگەنلىكىمگە) ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن (مېنى) دوست تۇتۇشۇڭلار (زىيان يەتكۈزمەسلىكىڭلار)نىلا تىلەيمەن»⑤.***

① بۇ مەزمۇن سۈرە ئىسرانىڭ 18-ئايىتىدىمۇ بايان قىلىندى. دېمەك، ئاللاھ تائالا ھەر بەندىگە دۇنيادىن قانچىلىك رىزىق بەلگىلىگەن بولسا، شۇنچىلىك رىزىقنى ئۇنىڭغا چوقۇم بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەممە بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، مەيلى ئۇ دۇنيانى كۆزلەيدىغان بەندە بولسۇن ياكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان بەندە بولسۇن. ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان كىشىگە يەنى ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل ۋە مېھنەت قىلىدىغان كىشىگە ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھەسسىلەپ ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىدۇ. ئەمما، دۇنيانىلا كۆزلەيدىغان كىشىگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا ھېچنېمە يوق. ئەمدى ئىنسان ئۆزى ئوبدان ئويلىنىشى لازىمكى، ئۇنىڭغا دۇنيانى كۆزلەيدىغان بەندە بولۇش پايدىلىقمۇ ياكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان بەندە بولۇشمۇ؟

② يەنى ئۇ كاپىرلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت بەرمىگەن شېرىك ۋە گۇناھ قاتارلىقلارنى دىن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن مەبۇدلىرى بارمىكەن؟ بۇ سوئال جۈملە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن.

③ يەنى ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى كاپىرلار قىيامەت كۈنى گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن قورققانلىقتىن تىترەپ تۇرىدۇ.

④ ھالبۇكى، ئۇ يەردە قورققانىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ھامان تارتىدۇ.

⑤ قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ ئايەت شۇ نۇقتىنى ئېنىق بايان قىلىۋاتىدۇكى، مەن سىلەرگە قىلغان بۇ ۋەز - نەسىھەت ۋە تەبلىغ ئۈچۈن، سىلەردىن ماڭا پۇل - مال بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلمايمەن. مېنىڭ سىلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنىم شۇكى، ئارىمىزدىكى تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەڭلار. مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل

قىلىڭلار ياكى قىلماڭلار، بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى. لېكىن، ماڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشتىن يىراق تۇرۇڭلار. سىلەر ماڭا ياردەم بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەڭلار، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمر-پەرمانىنى يەتكۈزۈشۈمگە توسالغۇ بولماڭلار. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېمەكچى بولغىنى: «پەقەت مېنىڭ ئارام بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى تۇغقاندارچىلىقنى ساقلاپ قېلىڭلار» دېگەن بولىدۇ، دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى **4818**-ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى نەسەب ئېسىللىقى جەھەتتىن دۇنيادىكى ئەڭ شەرەپلىك جەمەتتۇر، ئۇلارنى سۆيۈش، ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلەردە ئۇلارنى قەدىرلەش ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىشنى تەكىتلىگەن. ئەمما، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شىئە پىرقىلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان ۋە بۇرمىلىغان ئۇقۇملار بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوق. ئۇلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى سۆيۈش بىلەن باغلايدۇ، ئاندىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ئازلىتىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئىمام ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن باشقىلارنى ئائىلە-تاۋابىئات جۈملىسىدىن سانىمايدۇ. يەنە تېخى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى سۆيۈش دېگەن ئۇقۇمنى ئۇلارنى خاتالىقتىن خالىي ۋە ئىلاھىي سۈپەتلەرگە ئىگە دەپ ئېتىقاد قىلىش كېرەك دەپ چۈشىنىدۇ. يەنە تېخى ئۇلارنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە كاپىرلىرى بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىقنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلاردىن ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان، بۇ ئۇنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە ھەق تەلەپ قىلغانلىقى» دەپ قارىشى تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شان-شەرىپى ۋە خىسلىتىگە يات بىر ئىشتۇر. قۇرەيشلەر دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن پەقەت تۇغقاندارچىلىق يۈزىسىدىن سىلە-رەھىمى ئاساسىدا ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتنى ساقلاپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايەت ۋە سۈرە مەككىدە نازىل بولغان، ئۇ چاغدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تېخى تويى بولمىغان

ئىدى. يەنى بۇ ئايەت نازىل بولغاندا بۇ ئائىلە تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن تۇرسا، ئۇ ئايەتتىن مەزكۇر ئائىلىنى ياخشى كۆرۈشكە ئەمر قىلغان دېگەن ئۇقۇمنى چىقىرىش يالغانچىلىق بولماي نېمە؟

وَمَن يَقْتَرِفْ حَسَنَةً نَّزِدْ لَهُۥ فِيهَا حُسْنًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٢٣﴾
أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ۖ فَإِن يَشَإِ ٱللَّهُ يَخْتِمْ عَلَىٰ قَلْبِكَ ۗ
وَيَمْحُ ٱللَّهُ ٱلْبَٰطِلَ وَيُحِقُّ ٱلْحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ
ٱلصُّدُورِ ﴿٢٤﴾

***كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز①. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ مۇكاپات بەرگۈچىدۇر② [23]. ئۇلار (سېنى) «ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇدى» دەمدۇ؟ (ئۇنداق قىلغان بولساڭ) ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سېنىڭ قەلبىڭنىمۇ پېچەتلىۋەتكەن بولاتتى③. ئاللاھ ئۆزىنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق باتىلنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ④، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [24].***

① يەنى ئەجىر-ساۋابىنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز. يەنە بىر مەنىسى، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىش ئارقىلىق بېرىمىز. يامانلىقنىڭ جازاسىمۇ تېخىمۇ كۆپ يامانلىق قىلىشقا يېتىپ قىلىشتۇر.

② شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئەيىبلەرنى ياپىدۇ، گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ.

③ يەنى ئەگەر سەن مۇشرىكلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئاللاھ تائالاغا يالغاننى توقۇغان بولساڭ، بىز سېنىڭ قەلبىڭنى پېچەتلىۋېتەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن توقۇلغانلىقى ساڭا مەنسۇپ قىلىنغان قۇرئان دىلىڭدىن ئۆچۈپ كېتەتتى. دېمەك، بىز ساڭا ئەڭ قاتتىق جازا بېرەتتۇق.

④ ئەگەر بۇ قۇرئان (ئىنكارچىلار دەۋا قىلغاندەك) باتىل بولغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىمۇ ئەزەلىي قانۇنىيىتى بويىچە ئۆچۈرۈۋەتكەن بولاتتى.

وَهُوَ ٱلَّذِى يَقْبَلُ ٱلتَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِۦ وَيَعْفُواْ عَنِ ٱلسَّيِّـَٔاتِ وَيَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ ﴿٢٥﴾ وَيَسْتَجِيبُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَيَزِيدُهُم مِّن فَضْلِهِۦۚ وَٱلْكَٰفِرُونَ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ ﴿٢٦﴾ ۞ وَلَوْ بَسَطَ ٱللَّهُ ٱلرِّزْقَ لِعِبَادِهِۦ لَبَغَوْاْ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَٰكِن يُنَزِّلُ بِقَدَرٍ مَّا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرٌۢ بَصِيرٌ ﴿٢٧﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى يُنَزِّلُ ٱلْغَيْثَ مِنۢ بَعْدِ مَا قَنَطُواْ وَيَنشُرُ رَحْمَتَهُۥۚ

*ئۇ بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغان①، يامان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغان، سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر [25]. ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ②، ئۆز پەزلىدىن ئۇلارغا (مۇكاپاتلىرىنى) ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بار [26]. ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىگە رىزىقنى كەڭ قىلىۋەتسە ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە (يەر يۈزىدە) ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى③. لېكىن، (ئاللاھ ئۇلارنىڭ رىزقىنى) ئۆزى خالىغان مىقداردا چۈشۈرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەھۋالى)دىن تولۇق خەۋەرداردۇر، (ئۇلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [27]. ئاللاھ ئىنسانلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان④ ۋە رەھمىتىنى (ھەر تەرەپكە) يايىدىغان زاتتۇر.*

① تەۋبە قىلىش دېگەن ئۆتكۈزگەن گۇناھقا پۇشايمان قىلغانلىقنى ئىزھار قىلىش، كەلگۈسىدە قايتا قىلماسلىققا ئەھدە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت تىل بىلەن تەۋبە قىلدىم دەپ قويۇش ياكى ئۇ گۇناھنى تاشلىماي تۇرۇپ، تەۋبە قىلغانلىقنى ئىزھار قىلىپ قويۇش

تەۋبە ئەمەس، بەلكى مازاق قىلغانلىق ۋە مەسخىرە قىلغانلىق بولىدۇ. ئەمما سەمىمىي تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىنى ئاللاھ تائالا چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ.

② يەنى ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يەتكۈزىدۇ. شەرتى شۇكى، دۇئانىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى ۋە ئەدەب قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان بولۇش. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلغان ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن مۇنداق بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر چۆل باياۋاندا سەپەر قىلىۋېتىپ يۈك - تاقى، ئوزۇق - تۈلۈكى ئارتىلغان ئۆلىگىنى يۈتتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇ ئادەم ئۆلىگىنى تېپىۋېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بىر دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ سايىسىدە يېنىچە ياتىدۇ. ئۇ ئۆلىگىنىڭ تېپىلىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، تۇساتتىن، ئۇنىڭ ئۇلىغى يېنىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ نوقتىسىدىن تۇتقان ھالدا قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ رەببىڭ» دەپ تاشلايدۇ، ئۇ ئادەم قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن سۆزدە خاتالىشىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2747-ھەدىس)

③ يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالا ھەر شەخسكە ئۇنىڭ ھاجىتىدىن كۆپ رىزىق بېرىۋەتسە، نەتىجىدە ئۇ شەخس باشقا بىر شەخسنىڭ قول ئاستىدا بولۇشنى ئەسلا قوبۇل قىلمىغان بولاتتى. ھەر شەخس يامانلىق قىلىش، پىتنە - پاسات تېرىش، تاجاۋۇز قىلىش ۋە بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى، بۇنىڭدىن زېمىن پىتنە-پاساتقا تولۇپ كېتەتتى.

④ يامغۇر تۇرلۇك رىزىق ۋە زىرائەتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەگەر بۇ يامغۇر كىشىلەر ئۇنىڭ يېغىشىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن ياغسا، ئۇ چاغدا ئۇلار بۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى تېخىمۇ ئوبدان ھېس قىلىدۇ. كىشىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى قەدىرلىسۇن ۋە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۇلار يامغۇرغا قاتتىق موھتاج بولغاندا ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.

وَهُوَ ٱلْوَلِيُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿٢٨﴾ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦ خَلْقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا

بَثَّ فِيهِمَا مِن دَآبَّةٖۚ وَهُوَ عَلَىٰ جَمۡعِهِمۡ إِذَا يَشَآءُ قَدِيرٞ ٢٩ وَمَآ
أَصَٰبَكُم مِّن مُّصِيبَةٖ فَبِمَا كَسَبَتۡ أَيۡدِيكُمۡ وَيَعۡفُواْ عَن
كَثِيرٖ ٣٠ وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ
مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ٣١

***ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر① [28]. ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىن بىرى، ئاسمانلارنى، زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقانلىقى ۋە بۇ ئىككىسىدە جانلىقلارنى تارقىتىۋەتكەنلىكىدۇر. ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئۇلارنى توپلاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر② [29]. (ئى ئىنسانلار!) بېشىڭلارغا (يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) كەلگەن ھەرقانداق بىر مۇسىبەت (يەنى كۆلپەت) سىلەرنىڭ ئۆز قولۇڭلار (بىلەن) قىلغان (گۇناھىڭلار) تۈپەيلىدىندۇر. ئاللاھ (گۇناھىڭلاردىن) نۇرغۇنلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)③ [30]. (ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلساڭلار) سىلەر يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر④، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىگە ۋە ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر [31].***

① يەنى ئاللاھ ھەممىنىڭ مەدەتكارىدۇر، سالىھ بەندىلىرىگە مەدەتكارلىقىنى يەتكۈزۈپ ياردەم بېرىدۇ، ئۇلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنى يامانلىقتىن ۋە ھالاكەتتىن ساقلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا قىلغان چەكسىز نېمەتلىرى ۋە بارلىق مەرھەمەتلىرىگە بىنائەن مەدھىيەگە لايىقتۇر.

② ﴿دَآبَّةٖ﴾ «زېمىندا مېڭىپ يۈرۈيدىغانلار، زېمىندا يېيىلغان جانلىقلار» بۇ سۆز ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولۇپ، زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان، شەكىللىرى، رەڭلىرى، تىللىرى، تەبىئەتلىرى، جىنسلىرىنى ۋە تۈرلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىنسانلار، جىنلار ۋە بارلىق ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىنى بىر مەيدانغا جەم قىلىدۇ.

③ ئەگەر بۇ يەردىكى خىتاب مۆئمىنلەرگە قارىتىلغان بولسا، ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار سەۋەبىدىن سىلەرگە كۆلپەت يېتىدۇ، بۇ كۆلپەت گۇناھىڭلارغا كاپارەت بولىدۇ. يەنى سىلەرگە يەتكەن شۇ كۆلپەت بىلەن بىر قىسىم گۇناھىڭلار ئەپۇ قىلىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم گۇناھلارنى ئاللاھ تائالا ئۆز كەرىمى بىلەن ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ. ئاللاھ تائالا ناھايىتى كەرەملىك زاتتۇركى، گۇناھنى ئەپۇ قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا جازا بەرمەيدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مۆئمىنگە قانداق بىر كۆلپەت، كېسەل، غەم - قايغۇ، كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، ھەتتا ئۇنىڭغا بىر تال تىكەن سانجىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن ئۇ مۆئمىننىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى -5641ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم -2572ھەدىس) ئەگەر بۇ يەردىكى خىتاب ئومۇمىي بولسا، ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، سىلەرگە دۇنيادا يەتكەن كۆلپەت گۇناھىڭلارنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ كۆپ گۇناھىڭلارنى يەنىلا ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ يەنى مەڭگۈلۈك ئەپۇ قىلىدۇ ياكى ئۇلارغا دەرھال جازا بەرمەيدۇ. (دەرھال جازالىماستىن، كېچىكتۈرۈشمۇ بىر خىل ئەپۇ قىلغانلىقتا كىرىدۇ) مەسىلەن: يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى﴾.(سۈرە فاتىر 45-ئايەت). يەنە سۈرە نەھل 61-ئايەتمۇ مۇشۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

④ يەنى سىلەر قېچىپ، بىزنىڭ ئازاب دائىرىمىزدىن چىقىپ كېتەلمەيسىلەر ياكى بىز سىلەرگە چۈشۈرمەكچى بولغان كۆلپەتتىن قېچىپ ئامان قالالمايسىلەر.

وَمِنۡ ءَايَٰتِهِ ٱلۡجَوَارِ فِي ٱلۡبَحۡرِ كَٱلۡأَعۡلَٰمِ ﴿٣٢﴾ إِن يَشَأۡ يُسۡكِنِ ٱلرِّيحَ
فَيَظۡلَلۡنَ رَوَاكِدَ عَلَىٰ ظَهۡرِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّكُلِّ صَبَّارٖ
شَكُورٍ ﴿٣٣﴾ أَوۡ يُوبِقۡهُنَّ بِمَا كَسَبُواْ وَيَعۡفُ عَن كَثِيرٖ ﴿٣٤﴾ وَيَعۡلَمَ
ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مَا لَهُم مِّن مَّحِيصٖ ﴿٣٥﴾ فَمَآ أُوتِيتُم
مِّن شَيۡءٖ فَمَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰ لِلَّذِينَ

ءَامَنُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٣٦﴾

*تاغدەك (چوڭ) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا قاتناپ يۈرۈشىمۇ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر① [32]. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ ـ دە، كېمىلەر دېڭىزنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا (قاتتىقلىقتا) چىدامچان، (كەڭچىلىكتە) كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار [33]. ياكى ئاللاھ (خالىسا، ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ) گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (بوران ئەۋەتىپ) كېمىلەرنى ھالاك قىلىدۇ②، يەنە ئاللاھ (ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن) نۇرغۇنلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ③ [34]. (بۇنداق قىلىشىمىز) بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە (ئورۇنسىز) دەتالاش قىلىدىغانلار④ ئۆزلىرىگە (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قېچىپ قۇتۇلىدىغان جاينىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىشى (ئۈچۈندۇر)⑤ [35]. (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەر قانداق نەرسە پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر⑥، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات بولسا ئىمان ئېيتقان ۋە رەببىگە تەۋەككۇل قىلىدىغان (يەنى تايىنىدىغان) كىشىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر⑦ [36].*

① ﴿الْجَوَارِ﴾ " الجَوَارِيْ، جَارِيَةٌ " (ماڭغۇچى، يۈرگۈچى)نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، كېمە، پاراخوت مەنىسىدە كەلگەن. دېڭىزلاردا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن تاغدەك چوڭ كېمىلەرنىڭ بىخەتەر يۈرۈشى ئاللاھ تائالانىڭ يۈكسەك قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل-پاكىتلاردۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئەمر قىلسا، كېمىلەر ھەرىكەتتىن توختاپ، سۇ ئۈستىدە جىم تۇرۇپ قالىدۇ.

② يەنى دېڭىزغا ئەمر قىلىپ، ئۇنىڭدا شىددەتلىك دولقۇنلارنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېمىدىكىلەر دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىدۇ.

③ ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىۋەتمىگەن بولسا، دېڭىزدا سەپەر قىلغانلاردىن ھېچكىم ئامان قالمىغان بولاتتى.

④ يەنى ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىدىغانلار.

⑤ يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قاچىدىغان جاي ۋە پاناگاھ تاپالمايدىغانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر.

⑥ يەنى تولىمۇ ئاز ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەردۇر، گەرچە ئۇ نەرسىلەر قارۇننىڭ خەزىنىسىدەك كۆپ بولسىمۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئالدانماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلىق ۋە پانىي نەرسىلەردۇر.

⑦ يەنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردىن كۆپ ياخشى ھەم مەڭگۈلۈكتۇر. چۈنكى، ساۋابنىڭ مۇكاپاتى ھەرگىز يوقالمايدۇ. دېمەك پانىي دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئەۋزەل كۆرمەڭلار، ئەگەر ئۇنى ئەۋزەل كۆرسەڭلار، ھەسرەت-نادامەتتە قالىسىلەر.

وَٱلَّذِينَ يَجۡتَنِبُونَ كَبَٰٓئِرَ ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡفَوَٰحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُواْ هُمۡ
يَغۡفِرُونَ ٣٧ وَٱلَّذِينَ ٱسۡتَجَابُواْ لِرَبِّهِمۡ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَمۡرُهُمۡ
شُورَىٰ بَيۡنَهُمۡ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ٣٨

(مەزكۇر مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلار) چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىدىغان، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغان① ، رەببىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشىدىغان② ، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان③ ، ئىشلىرىنى ئۆز ئارىسىدا مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغان④ ، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ساۋابلىق ئىشلارغا) سەرپ قىلىدىغان،

① يەنى كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش ئۇلارنىڭ خىسلىتى، مىزاجى ۋە تەبىئىتىدۇر. ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىن بىرى شۇ ئىدىكى، «ئاللاھ تائالانىڭ چەكلىمىلىرى تاجاۋۇزغا ئۇچرىمايدىغانلا بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرگىز ئىنتىقام ئالمايتتى». (سەھىھۇل بۇخارى **3560**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **2327**-ھەدىس)

② يەنى رەببىنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغان، پەيغەمبىرىنىڭ

سۈننىتىگە ئەگىشىدىغان، چەكلىمىلەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدىغانلاردۇر.

③ بۇ يەردە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدا، ئۇلارنىڭ نامازغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى بارلىق شەرتلىرى بىلەن مۇكەممەل ئادا قىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىندى. بۇ ئىبادەتلەر ئىچىدە نامازنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

④ ﴿شُورٰى﴾ دېگەن سۆز " ذِكْرَى، بُشْرَى " لارغا ئوخشاش مۇپائەلە " مُفَاعَلَةٌ " بابىدىن كەلگەن پېئىلنىڭ تومۇرى بولۇپ، كېڭەش مەنىسىدە. دېمەك مۇئمىنلەر ھەربىر مۇھىم ئىشنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ قىلىدۇ. كېڭەشتە ئۆز رايىنى «ھەممىدىن توغرا ۋە مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى قارار بولۇشى كېرەك» دەپ تۇرۇۋالمايدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن﴾. (سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەت) شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتلاردا ۋە باشقا چوڭ ئىشلاردا ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سالغان. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىنلىقى ئاشقان، مەسىلىنىڭ ھەرخىل نۇقتىلىرى ۋە پايدا-زىيانلىرى ئايان بولغان ئىدى. مەسىلەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خەنجەر زەربىسىدىن ئېغىر يارىلىنىپ، ۋاپات بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىنى سايلاش ئىشىنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالتە كىشىنى كېڭەش ئەزا نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن. ئۇلار ئوسمان، ئەلى، تەلھە، زۇبەير، سەئد ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى. ئۇلار ئۆزئارا كېڭەشكەن ۋە باشقىلاردىنمۇ مەسلىھەت سورىغان، ئاخىرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپە قىلىشنى قارار قىلغان ئىدى. بەزى كىشىلەر كېڭەش ھەققىدىكى بۇ تەكىتلەنگەن بۇيرۇقنى دەلىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە جۇمھۇرىيەتنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ۋەھالەنكى، پادىشاھلىق تۈزۈمدىمۇ كېڭىشىش بولىدۇ، پادىشاھنىڭمۇ كېڭەش ھەيئىتى بولىدۇ، كېڭەش يىغىنىدا ھەربىر مۇھىم مەسىلە ھەققىدە مەسلىھەت بىلەن قارار چىقىرىلىدۇ. دېمەك بۇ ئايەت پادىشاھلىق تۈزۈمنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جۇمھۇرىيەتنى كېڭەش بىلەن ئوخشاش مەنىدە دەپ چۈشىنىش پۈتۈنلەي خاتادۇر. ئومۇمەن ھەربىر ئۇششاق-چۈششەك ئىشتا كېڭەش ئېلىپ بېرىلمايدۇ، ھەم ئۇنداق ئىشلاردا كېڭىشىشمۇ زۆرۈر ئەمەس. كېڭىشىش دېگەن مەلۇم بىر

ئىشنىڭ ئەھلى بولغان، شۇ ئىشنىڭ نازۇك ۋە مۇھىم ھالقىلىرى، پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان مۇتەخەسسىس بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ پىكرىنى ئېلىش ۋە مەسلىھەتلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كاتتا بىر ئىمارەت ۋە كۆۋرۈك ياساشتا قايسىبىر ھارۋىكەش، كىيىم تىككۈچى ياكى تاكسى شوپۇرى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىناكارلىق ئىنژېنېرى بىلەن كېڭەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەلۇم كېسەلنى داۋالاشتا مەسلىھەت ئېلىش زۆرۈر بولسا، تېبابەت كەسپىدە پىشقان ئۇستا دوختۇرلارغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. ئەمما جۇمھۇرىيەت ئۇقۇمىدا ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھەرقانداق بالاغەتكە يەتكەن شەخس كېڭىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ، مەيلى ئۇ ئۇقۇمىغان ساۋاتسىز، مەسئۇلىيەتسىز، مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بولسىمۇ. قۇرئاندىكى كېڭەش سۆزىنى دەلىل قىلىپ، جۇمھۇرىيەت ئۇقۇمىنى ئىسپاتلاش تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكتۇر. بۇ خۇددى سوتسىيالىزم دېگەن سۆزگە ئىسلامىي دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇش بىلەن سوتسىيالىزم ئىسلامغا كىرىپ قالمىغاندەك، «جۇمھۇرىيەت» دېگەن سۆزگە «ئىسلامىي» دېگەن ماركا چاپلاپ قويۇلسىمۇ، غەربچە جۇمھۇرىيەتكە خىلاپەتنىڭ تونى ماس كەلمەيدۇ. غەربنىڭ بۇ كۆچەتتى ئىسلام زېمىنىدا كۆكلىيەلمەيدۇ.

وَٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَابَهُمُ ٱلۡبَغۡيُ هُمۡ يَنتَصِرُونَ ﴿٣٩﴾ وَجَزَٰٓؤُاْ سَيِّئَةٖ سَيِّئَةٞ
مِّثۡلُهَاۖ فَمَنۡ عَفَا وَأَصۡلَحَ فَأَجۡرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾ وَلَمَنِ ٱنتَصَرَ بَعۡدَ ظُلۡمِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَا عَلَيۡهِم مِّن
سَبِيلٍ ﴿٤١﴾ إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى ٱلَّذِينَ يَظۡلِمُونَ ٱلنَّاسَ وَيَبۡغُونَ فِي
ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٤٢﴾ وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ
إِنَّ ذَٰلِكَ لَمِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ ﴿٤٣﴾ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن وَلِيّٖ
مِّنۢ بَعۡدِهِۦۗ وَتَرَى ٱلظَّٰلِمِينَ لَمَّا رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَ يَقُولُونَ هَلۡ إِلَىٰ
مَرَدّٖ مِّن سَبِيلٖ ﴿٤٤﴾

*زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا (قارشى تۇرۇپ، ئاشۇرۇۋەتمەي) ئىنتىقام*

*ئالىدىغان كىشىلەردۇر① [37 ـ 39]. بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر② (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق، يامانلىق قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۇنىڭ بىلەن ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ [40]. كىمكى زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن (يوللۇق ھالدا) ئىنتىقام ئالسا، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ [41]. ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، يەر يۈزىدە ناھەق زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب بار [42]. كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماي) ئەپۇ قىلسا، شەكسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە ئىرادە باغلاپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر [43]. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇ ئادەمگە شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ئىگە يوقتۇر. زالىملارنىڭ ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «(دۇنياغا) قايتىشقا يول بارمىدۇ؟» دەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن [44].*

① ئۇلار ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز ئەمەس، ئەگەر ئىنتىقام ئالمەن دېسە ئالالايدۇ. ئۇلار كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپمۇ، ئىنتىقام ئېلىشقا پۇرسەت كەلگەندە ئەپۇ قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغان كۈنى ئىلگىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنى ئومۇميۈزلۈك ئەپۇ قىلغان. يەنە ھۇدەيبىيەدە ئۆزىگە قارشى سۈيىقەست پىلانلىغان 80 كىشىنى ئەسىر ئېلىپ تۇرۇپ، جازالىماستىن قويۇپ بەرگەن. ئۆزىگە سېھىر-جادۇ قىلىش بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان لۇبەيد ئىبنى ئاسىم دېگەن يەھۇدىيدىنمۇ ئىنتىقام ئالمىغان. تاماقىغا زەھەر سالغان يەھۇدىي ئايالغىمۇ ھېچنېمە دېمىگەن. شۇ زەھەرنىڭ تەسىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى نەپەسىگە قەدەر داۋاملاشقان ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② گەرچە يامانلىقنىڭ جازاسى (بەدىلى) يامانلىق بولمىسىمۇ، شەكلى ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن جازامۇ يامانلىق دېيىلگەن، يەنى بىر يامانلىققا بىر جازا كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق قىساس (ئىنتىقام) ئېلىش جايىزدۇر.

وَتَرَىٰهُمْ يُعْرَضُونَ عَلَيْهَا خَٰشِعِينَ مِنَ ٱلذُّلِّ يَنظُرُونَ مِن طَرْفٍ
خَفِيٍّۗ وَقَالَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ ٱلْخَٰسِرِينَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمْ
وَأَهْلِيهِمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِۗ أَلَآ إِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ فِى عَذَابٍ مُّقِيمٍ ﴿٤٥﴾ وَمَا
كَانَ لَهُم مِّنْ أَوْلِيَآءَ يَنصُرُونَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِۗ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ
فَمَا لَهُۥ مِن سَبِيلٍ ﴿٤٦﴾ ٱسْتَجِيبُواْ لِرَبِّكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِىَ يَوْمٌ
لَّا مَرَدَّ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِۚ مَا لَكُم مِّن مَّلْجَإٍ يَوْمَئِذٍ وَمَا لَكُم مِّن
نَّكِيرٍ ﴿٤٧﴾

*يەنە ئۇلارنىڭ خارلىقتىن بېشىنى ساڭگىلاتقان ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن يوشۇرۇن قارىغان ھالدا دوزاخقا توغرىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. (بۇ چاغدا) مۇئمىنلەر: «شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان سالغۇچىلاردۇر» دەيدۇ، بىلىڭلاركى، (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن دائىملىق ئازابتىدۇر① [45]. ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلىدىغان مەدەتكارلىرى بولمايدۇ. يەنە ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئۇنى دۇنيادا ھەقكە، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان) ھېچبىر (نىجاتلىق) يولى بولمايدۇ [46]. ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن، قايتۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن② رەببىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇ كۈندە سىلەرگە قاچىدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ. (قىلمىشىڭلار نامە ـ ئەماللىرىڭلاردا يېزىقلىق بولغانلىقى، ئەزايىڭلار ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغانلىقى ئۈچۈن) سىلەر (ئۇنى) ئىنكار قىلالمايسىلەر③ [47].*

① يەنى مۇئمىنلەر شۇنداق دەيدۇكى، دۇنيادا بۇ كاپىرلار بىزنى ئەخمەقلەر، زىيان تارتقۇچىلار دەپ قارايتتى. چۈنكى، بىز دۇنيادا پەقەت ئاخىرەتكىلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، دۇنيانىڭ زىيانلىرىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيتتۇق. قاراڭلار! بۈگۈن كىم ھەقىقىي زىيان تارتقۇچى ئىكەن!؟ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق زىيانغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەنلەر

بۇگۈن جەننەت نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ؛ دۇنيانى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويغانلار بۇگۈن شۇنداق ئېغىر ئازابقا دۇچار بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس.

② يەنى ئۇ كۈننى قايتۇرۇشقا ۋە كېچىكتۈرۈشكە ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ.

③ بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى: «سىلەر ئۇ كۈندە قاچىدىغان ۋە مۆكۈۋالىدىغان ھېچبىر جاي تاپالمايسىلەر. تونۇغىلى بولمايدىغان ياكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر شەكىلگە ئۆزگىرىۋالالمايسىلەر». ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسان بۇ كۈندە: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ. ياق، (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ رەببىڭنىڭ تەرىپىدۇر﴾. (سۈرە قىيامەت 10-ئايەتتىن 12 - ئايەتكىچە) بۇ يەردىكى ﴿نَكِيرٍ﴾ ئىنكار مەنىسىدە كەلگەن دەپ ئالغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى تەرجىمىدە كەلگەندەك بولىدۇ: «سىلەر (گۇناھلارنى) ئىنكار قىلالمايسىلەر»، بىرىنچىدىن: بارلىق ئەمەللەر خاتىرىلەپ قويۇلغان بولىدۇ، ئىككىنچىدىن: ئىنساننىڭ ئۆز ئەزالىرىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ئايەتتىن ئېلىنىدىغان يەنە بىر ئۇقۇم شۇكى، سىلەر گۇناھلار سەۋەبىدىن بېرىلگەن ئازابنى ئىنكار قىلالمايسىلەر، چۈنكى ئۇ يەردە گۇناھنى ئېتىراپ قىلماقتىن باشقا چارە يوقتۇر.

فَإِنْ أَعْرَضُواْ فَمَآ أَرْسَلْنَٰكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًاۖ إِنْ عَلَيْكَ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُۗ
وَإِنَّآ إِذَآ أَذَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ مِنَّا رَحْمَةً فَرِحَ بِهَاۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةُۢ
بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ فَإِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ كَفُورٌ ﴿٤٨﴾ لِّلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِۚ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُۚ يَهَبُ لِمَن يَشَآءُ إِنَٰثًا وَيَهَبُ لِمَن يَشَآءُ
ٱلذُّكُورَ ﴿٤٩﴾ أَوْ يُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَانًا وَإِنَٰثًاۖ وَيَجْعَلُ مَن يَشَآءُ عَقِيمًاۚ
إِنَّهُۥ عَلِيمٌ قَدِيرٌ ﴿٥٠﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتسا، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا دىننى يەتكۈزۈشتۇر①. ئەگەر بىز ئىنسانغا دەرگاھىمىزدىن***

***بىر رەھمەتنى تېتىتساق②، ئۇ (كۆرەڭلەپ) خۇش بولۇپ كېتىدۇ③، قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر كۈلپەت كەلسە④، (بۇنداق چاغدا) ئىنسان تولىمۇ تۇزكورلۇق قىلىدۇ⑤ [48]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ⑥، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ [49]. ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ⑦، خالىغان ئادەمنى تۇغماس (پەرزەنت كۆرمەيدىغان) قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر [50].***

① ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە باشقا سۈرىلەردە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ ئەمەس، لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾. (سۈرە بەقەرە 272-ئايەت) ﴿سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت ھېساب ئېلىشتۇر﴾. (سۈرە رەئد 40-ئايەت) ﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾. (سۈرە غاشىيە 21-، 22-ئايەتلەر) بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېمەكچى بولغان مەقسەت سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئىبارەت، ئۇلار قوبۇل قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، سەن ئۇنىڭغا جاۋابكار ئەمەس. چۈنكى، ھىدايەت بېرىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر.

② يەنى ئۇنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىش، تېنىنى ساغلام قىلىش، پەرزەنتىنى كۆپەيتىپ بېرىش ۋە ھوقۇق-مەنسەپ قاتارلىق نېمەتلىرىمىزنى ئاتا قىلساق.

③ يەنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. بولمىسا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە خۇشال بولۇپ كېتىش ياكى ئۇنى ئىزھار قىلىش يامان بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما، نېمەتلەرنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىشمۇ پەخىرلىنىش، رىياكارلىق، تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن بولماي، شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن بولسا، يامان بولمايدۇ.

④ نامراتلىق، يوقسۇزلۇق، كېسەللىك، بالىسى بولماسلىقتەك مەھرۇملۇق يەتسە.

⑤ يەنى شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدىلا ئىلگىرىكى نېمەتلەرنىمۇ ۋە نېمەت بەرگۈچىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىمانى ئاجىز كىشىلەرمۇ كىرىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرى ۋە ئىمانى كامىل بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇلار كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: «ئەگەر مۆئمىنگە ياخشىلىق يەتسە، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتسە، ئۇ ئۇنىڭغا سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ، بۇ پەقەت مۆئمىن ئۈچۈنلا شۇنداق بولىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2999-ھەدىس)

⑥ يەنى پۈتۈن كائىنات پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە باشقۇرىشى بىلەن ماڭىدۇ، ئۇ خالىغان ئىش بولىدۇ، ئۇ خالىمىغان ئىش بولمايدۇ. ھېچكىمنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىش سالاھىيىتى ۋە ھوقۇقى يوقتۇر.

⑦ ئاللاھ تائالا خالىغان ئادەمگە ئوغۇل - قىز ھەر ئىككىسىنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئورۇندا ئادەملەردىن تۆت تۈرلۈكنى بايان قىلدى: 1 - پەقەت قىز پەرزەنت بېرىلىدىغان ئادەم. 2 - پەقەت ئوغۇل پەرزەنت بېرىلىدىغان ئادەم. 3 - ئوغۇل - قىز ئارىلاش بېرىلىدىغان ئادەم. 4 - قىزمۇ، ئوغۇلمۇ بېرىلمەيدىغان ئادەم. ئاللاھ تائالانىڭ ئادەملەرنى مۇشۇنداق پەرقلىق قىلغانلىقى ئۇنىڭ يۈكسەك قۇدرىتىنىڭ بەلگىلىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتتىكى بۇ ئىرادىسىنى ھېچكىم ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. بۇ ئەۋلاد تەقسىم قىلىش ئېتىبارى بىلەن بولغان تۆت تۈرلۈك ئادەملەردۇر. ئاتىلىق ۋە ئاتىسىز يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەنمۇ ئىنسانلار تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1-ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىز ۋە ئانىسىز پەقەت تۇپراقتىن يارىتىلدى. 2-ھەۋۋا ئانىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن يەنى بىر ئەركەكتىن ئانىسىز يارىتىلدى. 3-ئىيسا ئەلەيھىسسالام پەقەت ئانىدىن ئاتىسىز يارىتىلدى. 4-ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بارلىق ئىنسانلار ئەر بىلەن ئايالنىڭ قوشۇلۇشىدىن يارىتىلدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئاتىلىرىمۇ، ھەم ئانىلىرىمۇ باردۇر. ئىنسانلارنى شۇنداق تۈرلەر بويىچە ياراتقان زات ھەممىدىن ئۈلۈغدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

۞ وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ ٱللَّهُ إِلَّا وَحۡيًا أَوۡ مِن وَرَآيِٕ حِجَابٍ
أَوۡ يُرۡسِلَ رَسُولٗا فَيُوحِيَ بِإِذۡنِهِۦ مَا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ عَلِيٌّ حَكِيمٞ ﴿٥١﴾
وَكَذَٰلِكَ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ رُوحٗا مِّنۡ أَمۡرِنَاۚ مَا كُنتَ تَدۡرِي مَا
ٱلۡكِتَٰبُ وَلَا ٱلۡإِيمَٰنُ وَلَٰكِن جَعَلۡنَٰهُ نُورٗا نَّهۡدِي بِهِۦ مَن نَّشَآءُ
مِنۡ عِبَادِنَاۚ وَإِنَّكَ لَتَهۡدِيٓ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٥٢﴾ صِرَٰطِ ٱللَّهِ ٱلَّذِي
لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ أَلَآ إِلَى ٱللَّهِ تَصِيرُ ٱلۡأُمُورُ ﴿٥٣﴾

***ئاللاھنىڭ بىرەر ئىنسانغا گەپ قىلىشى پەقەت ئىلھام ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىن ۋەياكى بىرەر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىرادىسى بىلەن (ئۇنىڭغا) خالىغىنىنى ۋەھيي قىلىش ئارقىلىقلا بولغان①. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [51]. (ئى پەيغەمبەر!) شۇنىڭدەك (يەنى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغىنىمىزدەك) ساڭىمۇ ئەمرىمىز بىلەن قۇرئاننى ۋەھيي قىلدۇق②، (سەن بۇ ۋەھيىدىن ئىلگىرى) كىتابنىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئەھكاملىرىنى) بىلمەيتتىڭ③، لېكىن بىز ئۇ (قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت قىلىشىمىز ئۈچۈن بىر نۇر قىلدۇق④. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن ئەلۋەتتە توغرا يولغا ــ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايسەن⑤. (ئى ئىنسانلار!) بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتىدۇ⑥ [52 ـ 53].***

① بۇ ئايەتتە ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدىغان ۋەھيي ئۈچ خىل شەكىلدە كېلىدىغانلىقى بايان قىلىندى. بىرىنچىسى: بىر نەرسىنى كۆڭۈلگە سېلىش، ئىلھام قىلىش ئارقىلىق ياكى چۈشىدە ئايان قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا ۋەھيىنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىسى: پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلىش ئارقىلىق. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇر تېغىدا سۆز

قىلغىنىغا ئوخشاش. ئۈچىنچىسى: پەرىشتىلەر ئارقىلىق ۋەھيي چۈشۈرۈش. مەسىلەن: جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئېلىپ چۈشۈپ، پەيغەمبەرلەرگە ئاڭلاتقانداەك.

② ﴿رُوحًا﴾ دېگەندە قۇرئان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىز سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلىپ كەلگەندەك، ساڭىمۇ قۇرئاننى ۋەھيي قىلدۇق. قۇرئاننىڭ «روھ» دەپ ئاتىلىشتىكى سەۋەب شۇكى، خۇددى روھ جىسىمغا ھاياتلىق بېغىشلىغاندەك، قۇرئان كەرىم دىللارغا ھاياتلىق بېغىشلايدۇ.

③ بۇ يەردىكى «كىتاب» دېگەندىنمۇ قۇرئان كەرىم مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنى ساڭا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كېلىشتىن ئىلگىرى قۇرئان ھەققىدە ھېچ ئىلمىگە ئىگە ئەمەس ئىدىڭ، شۇنداقلا ئىماننىمۇ شەرىئەت تەلەپ قىلغاندەك تەپسىلىي بىلمەيتتىڭ.

④ يەنى بىز قۇرئاننى نۇر قىلدۇق، بۇ نۇر ئارقىلىق بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىگە ھىدايەت ئاتا قىلىمىز. دېمەك، قۇرئاندىن ھىدايەت شۇنداق كىشىلەرگە نېسىپ بولىدۇكى، ئۇلاردا ئىمانغا ئىنتىلىش، تەلەپ قىلىش بولىدۇ. ئۇلار ھىدايەتنى قىزغىنلىق بىلەن ئىزدەيدۇ. كىمكى قۇرئاننى ھىدايەت تېپىش مەقسىتىدە ئوقۇسا، ئاڭلىسا ۋە تەپەككۇر قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، ھىدايەت يولىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىدايەت يولىدا ماڭىدۇ. ئەمما ھەقنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزلىرىنى ئېتىۋالغانلار، قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلار، ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەرگە ھىدايەت قانداقمۇ نېسىپ بولسۇن؟ شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، بۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك - شۈبھىگە) شىپادۇر. ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا (قۇرئاننى ئاڭلاشقا قارىتا) بىر ئېغىرلىق بار (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، (ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمىگەنلىكتىن) ئۇ (قۇرئان) ئۇلارغا نىسبەتەن بىر قاراڭغۇلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ). ئەنە شۇلار يىراقتىن چاقىرىلىۋاتقان (ئەمما نېمىگە چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان) ئادەمگە ئوخشاشتۇر»﴾. (سۈرە ھامىم سەجدە 44-ئايەت)

⑤ بۇ توغرا يول ئىسلامدۇر. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا توغرا يولنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلدى. بۇنىڭدىن بۇ يولنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلۈكى ئايان بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ يولنىڭ بىردىنبىر نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكىمۇ مەلۇم بولىدۇ.

⑥ يەنى قىيامەت كۈنى بارلىق ئىشلار ئۈستىدە ئاللاھ ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ ئايەتتە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار بولۇپ، مۇكاپات بار يەردە جازانىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

# سۈره زۇخرۇف

| (٤٣) سورة الزخروف مكية ٨٩ آية | (43) سۈره زۇخرۇف مەككىدە چۈشكەن 89 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

حمٓ ۝١ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ۝٢ إِنَّا جَعَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيّٗا لَّعَلَّكُمۡ
تَعۡقِلُونَ ۝٣ وَإِنَّهُۥ فِيٓ أُمِّ ٱلۡكِتَٰبِ لَدَيۡنَا لَعَلِيٌّ حَكِيمٌ ۝٤

***ھا، مىم [1]. (بۇ) روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، ھەقىقەتەن بىز ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق① [3 ـ 2]. شەكسىزكى، ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىكى لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئورۇن ئالغان) يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ھېكمەتلىك كىتابتۇر② [4].***

① بىرىنچىدىن: ئەرەب تىلى دۇنيادىكى ئەڭ پاساھەتلىك تىلدۇر. ئىككىنچىدىن: قۇرئان بىلەن تۇنجى بولۇپ خىتاب قىلىنغانلارمۇ ئەرەبلەر ئىدى. ئۇلار قۇرئاننى چۈشەنمەكچى بولسا ئاسان چۈشەنسۇن دەپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ئۇلارنىڭ تىلىدا نازىل قىلدى.

② ﴿أُمِّ الْكِتٰبِ﴾ دېگەندىن لەۋھۇلمەھپۇز كۆزدە تۇتۇلىدۇ. زېمىن ئەھلى قۇرئاننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە شەرىپىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرسۇن ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا چۈشۈرۈلۈشىدىكى

مەقسەت بولغان ھىدايەتتىن نېسىۋىسىنى ئالسۇن دەپ، بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى لەۋھۇلمەھپۇزدا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك كىتاب ئىكەنلىكى بايان قىلىندى.

أَفَنَضْرِبُ عَنكُمُ ٱلذِّكْرَ صَفْحًا أَن كُنتُمْ قَوْمًا مُّسْرِفِينَ ۝٥ وَكَمْ
أَرْسَلْنَا مِن نَّبِيٍّ فِى ٱلْأَوَّلِينَ ۝٦ وَمَا يَأْتِيهِم مِّن نَّبِيٍّ إِلَّا كَانُوا۟ بِهِۦ
يَسْتَهْزِءُونَ ۝٧ فَأَهْلَكْنَآ أَشَدَّ مِنْهُم بَطْشًا وَمَضَىٰ مَثَلُ
ٱلْأَوَّلِينَ ۝٨ وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ
خَلَقَهُنَّ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ ۝٩ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ مَهْدًا

*سىلەرنىڭ (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار سەۋەبلىك سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنى تەرك قىلامدۇق؟① [5] ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق [6]. ئۇلارغا قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسۇن، ئۇلار ئۇنى (قەۋمىنىڭ سېنى مەسخىرە قىلغانلىقىدەك) مەسخىرە قىلدى [7]. بىز كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى) دىن ئۈستۈن بولغانلارنىمۇ ھالاك قىلىۋەتتۇق② ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ مىساللىرى (يەنى قىسسىلىرى قۇرئاندا) بايان قىلىنىپ ئۆتتى③ [8]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئۇلارنى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى (ئاللاھ) ياراتقان»④ دەيدۇ [9]. ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن زېمىننى قارارگاھ (سېلىنچا) قىلغان⑤ ،*

① بۇ ئايەتنىڭ بىر قانچە مەنىسى بار. مەسىلەن: 1ـ سىلەر گۇناھلارغا چۆمۈپ كەتكەن ۋە گۇناھتا چەك تونۇۋالدىغان قەۋم بولغانلىقىڭلار سەۋەبلىك، بىزنى سىلەرگە ۋەزـنەسىھەت قىلىشنى تەرك قىلىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ 2ـ سىلەرنىڭ كاپىرلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقىڭلارغا قارىتا، بىزنى ھېچنەرسە دېمەيدۇ ۋە ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟ 3ـ بىز سىلەرنى ھېچنەرسىگە بۇيرۇماستىن ۋە ھېچنەرسىدىن

چەكلىمەستىن ھالاك قىلىۋېتەمدۇق؟ 4-سىلەرنىڭ قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغانلىقىڭلار سەۋەبلىك بىز قۇرئان نازىل قىلىشنى توختىتىپ قويامدۇق؟ بىرىنچى مەنىنى ئىمام تەبەرى، ئاخىرقى مەنىنى ئىمام ئىبنى كەسىر ئەۋزەل دەپ قارىغان ۋە مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ناھايىتى كۆيۈمچان ۋە مەرھەمەتلىك زات بولغانلىقتىن، گەرچە ئىنسانلار قۇرئاننى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تەقدىرىگە ھىدايەت تېپىش پۈتۈلگەن ئادەمنىڭ قۇرئان بىلەن ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن، بەختسىز بولۇش پۈتۈلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن دەلىل - پاكىت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئىنسانلارنى ياخشىلىقتا ۋە ھېكمەتلىك ۋەز - نەسىھەت بولغان قۇرئانغا دەۋەت قىلىشنى توختىتىپ قويمىغان.

② يەنى ئۇلار مەككە ئەھلىدىنمۇ زىيادە كۈچلۈك ئىدى. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئۇلار زېمىننى كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ بۇلارغا قارىغاندا ئۇلار سان جەھەتتە كۆپ، كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتە ئارتۇق ۋە يەر يۈزىدە قالدۇرغان ئىزلىرى (يەنى بىناكارلىق) جەھەتتە بۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى﴾. (سۈرە غافىر 82-ئايەت)

③ يەنى قۇرئان كەرىمدە ئۇ قەۋملەرنىڭ ئەھۋالى ياكى قىلمىشلىرى كۆپ قېتىم بايان قىلىندى. بۇ ئايەتتە مەككە ئەھلى ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار بولۇپ، ئۇلارغا دېيىلىۋاتىدۇكى، ئىلگىرىكى قەۋملەر پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىنغان ئىدى. ئەگەر بۇلارمۇ پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالسا، ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش بولارمۇ ھالاك قىلىنىدۇ.

④ لېكىن مۇشۇنداق ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھ ياراتقان نۇرغۇن مەخلۇقاتنى بۇ جاھىللار ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالدى. بۇ ئايەتتە ئۇلار سادىر قىلغان گۇناھنىڭ نەقەدەر ئېغىر ۋە قاباھەتلىك جىنايەت ئىكەنلىكى يەنە ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىكى ۋە نادانلىقىمۇ بايان قىلىندى.

⑤ يەنى مۇستەھكەم ۋە مۇقىم تۇرىدىغان سېلىنچا، تۇرار جاي ۋە قارارگاھ قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ يۈرىيسىلەر، ئىش-ھەرىكەت قىلىسىلەر، ئارام ئېلىپ ئۇخلايسىلەر. ئاللاھ تائالا

زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۈستىگە تاغلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇقىم تۇرىدىغان قىلدى.

وَجَعَلَ لَكُمْ فِيهَا سُبُلًا لَّعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٠﴾ وَٱلَّذِى نَزَّلَ مِنَ
ٱلسَّمَآءِ مَآءًۢ بِقَدَرٍ فَأَنشَرْنَا بِهِۦ بَلْدَةً مَّيْتًا ۚ كَذَٰلِكَ تُخْرَجُونَ ﴿١١﴾
وَٱلَّذِى خَلَقَ ٱلْأَزْوَٰجَ كُلَّهَا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلْفُلْكِ وَٱلْأَنْعَٰمِ مَا
تَرْكَبُونَ ﴿١٢﴾ لِتَسْتَوُۥا۟ عَلَىٰ ظُهُورِهِۦ ثُمَّ تَذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ رَبِّكُمْ إِذَا
ٱسْتَوَيْتُمْ عَلَيْهِ وَتَقُولُوا۟ سُبْحَٰنَ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا
لَهُۥ مُقْرِنِينَ ﴿١٣﴾

***(كۆزلىگەن يېرىڭلارغا) بېرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە يەر يۈزىدە (نۇرغۇن) يوللارنى قىلىپ بەرگەن زاتتۇر① [10]. ئاللاھ ئاسماندىن (سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەي، پايدا يەتكۈزىدىغان) ئۆلچەمدە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر②. ئۇنىڭ بىلەن بىز (گىياھ ئۈنمەس قاقاس) ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق، (ئۆلۈك زېمىندىن ئۆسۈملۈك چىقىرىلغاندەك) سىلەرمۇ (قەبرەڭلەردىن) مۇشۇنداق چىقىرىلىسىلەر③ [11]. ئاللاھ پۈتكۈل نەرسىلەرنى جۈپ ياراتقان④، سىلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمىلەرنى ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلاغلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. بۇ سىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە⑤ چىققاندا (يەنى مىنگەندە) رەببىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (چىقىشقا ۋە مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق⑥ [13 ـ 12]***

① يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە سەپەر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، نۇرغۇن يوللارنى قىلىپ بەردى. سىلەر شۇ يوللار ئارقىلىق سودا ـ تىجارەت، ئالاقە، زىيارەت قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن، خالىغان جايلارغا بېرىپ كېلىسىلەر.

② سىلەرنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىڭلارغا يەتكىدەك مىقداردا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. چۈنكى، ئەگەر يامغۇر ئېھتىياجدىن كەم بولۇپ قالسا، سىلەرگە پايدىلىق بولمايدۇ، ئەگەر بەك زىيادە بولۇپ كەتسە، كەلكۈنگە ئايلىنىپ سىلەرنى ئېقىتىپ كېتىش ۋە ھالاكەتكە دۇچار قىلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ.

③ يەنى يامغۇر ياغقاندا ئۆلۈك زېمىن تىرىلىپ ياشارغان ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىققاندەك، قىيامەت كۈنى سىلەرمۇ تىرىلدۈرۈلۈپ قەبرىلەردىن چىقىرىلىسىلەر.

④ يەنى ھەر نەرسىنى، ئۆسۈملۈكلەرنى، زىرائەتلەرنى، مېۋىلەرنى، گۈل - چېچەكلەرنى ۋە ھايۋانلارنى ئۆز جۈپتى بىلەن ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردىكى جۈپلۈقتىن بىر-بىرىگە زىت نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، كېسەللىك بىلەن ساغلاملىق، ئادالەت بىلەن زۇلۇم، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىمان بىلەن كۇفرى، مۇلايىملىق بىلەن قوپاللىق قاتارلىقلار. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردىكى ﴿أَزۡوَٰجَ﴾ جۈپ مەنىسىدە ئەمەس تۈر مەنىسىدە كەلگەن. يەنى «ئاللاھ مەخلۇقاتنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى ياراتتى» دېگەن بولىدۇ.

⑤ ﴿لِتَسۡتَوُۥاْ﴾ سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، مىنگەندە ياكى ئۈستىدە خاتىرجەم ئولتۇرغاندا. ﴿عَلَىٰ ظُهُورِهِۦ﴾ «ئۇنىڭ ئۈستىگە»دىكى ئېنىقلىغۇچى ئالماش تۈرنى كۆرسىتىپ كەلگەنلىك ئېتىبارى بىلەن بىرلىك شەكلىدە كەلگەن.

⑥ يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالا بۇ ھايۋانلارنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ، قول ئاستىمىزدا قىلىپ بەرمىگەن بولسا، بىز ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا، ئۈستىگە مىنىشكە، يۈك ئارتىشقا ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىشكە قادىر بولالمايتتۇق. ﴿مُقۡرِنِينَ﴾ " مُطِيْقِيْنَ " قادىر بولغۇچىلار دېگەن مەنىدە، يەنى قادىر بولالمايتتۇق.

وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ ١٤ وَجَعَلُواْ لَهُۥ مِنۡ عِبَادِهِۦ جُزۡءًاۚ إِنَّ
ٱلۡإِنسَٰنَ لَكَفُورٞ مُّبِينٌ ١٥ أَمِ ٱتَّخَذَ مِمَّا يَخۡلُقُ بَنَاتٖ وَأَصۡفَىٰكُم

بِٱلۡبَنِينَ ﴿١٦﴾ وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُم بِمَا ضَرَبَ لِلرَّحۡمَٰنِ مَثَلٗا ظَلَّ وَجۡهُهُۥ
مُسۡوَدّٗا وَهُوَ كَظِيمٌ ﴿١٧﴾ أَوَمَن يُنَشَّؤُاْ فِي ٱلۡحِلۡيَةِ وَهُوَ فِي ٱلۡخِصَامِ
غَيۡرُ مُبِينٖ ﴿١٨﴾

*بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېيىشىڭلار ئۈچۈندۇر① [14]. مۇشرىكلار (‹پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر› دەپ) ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئاللاھنىڭ بىر بۆلىكى قىلىۋالدى②. (بۇنداق) ئىنسان ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئوپئوچۇق كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر [15]. (ئى نادانلار!) ئاللاھ مەخلۇقاتتىن ئۆزى ئۈچۈن قىزلارنى (بالا) تۇتۇپ، ئوغۇللارنى سىلەرگە خاس قىلدىمۇ؟③ [16] ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە ئۆزلىرى رەھمان ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىۋالغان قىز بالا بىلەن بېشارەت بېرىلسە (يەنى خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىقى خەۋەر قىلىنسا)، قايغۇغا چۆمۈپ يۈزى قارىداپ كېتىدۇ [17]. (ئۇلار) زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، مۇنازىرىدە مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان (قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىۋالسا بولامدۇ؟)④ [18].*

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت ئۇلاغقا مىنگەندە ئۈچ قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەيتتى ۋە ﴿ سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقۡرِنِينَ. وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾ « بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (چىقىشقا ۋە مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز » دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى. ئاندىن كېيىن باشقا سەپەر دۇئالىرىنى ئوقۇيتتى. (سۇنەنى تىرمىزى 3446-ھەدىس (بۇ دۇئالار سەھىھ ھەدىسلەردىن ئېلىنغان دۇئا كىتابلىرىدا جەملەنگەندۇر.

② ﴿عِبَادِهِۦ﴾ دېگەندىن پەرىشتىلەر، ﴿جُزۡءًا﴾ دېگەندىن قىزلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى پەرىشتىلەرنى مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارغا چوقۇناتتى. شۇ تەرىقىدە ئۇلار مەخلۇقنى ئاللاھقا شېرىك قىلىپ، ئاللاھنىڭ بىر بۆلىكى يەنى بىر قىسمى دەپ قارايتتى. ۋەھالەنكى، ئاللاھ تائالا بۇنداق نەرسىلەردىن پاكتۇر. بەزى

مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى «بىر بۆلىكى» دېگەندىن مۇشرىكلار چارۋا-ماللىرىدىن نەزىر قىلىش ئۈچۈن ئايرىغان بىر قىسىم ماللىرى كۆزدە تۇتۇلغان، دەپ ئالىدۇ. مۇشرىكلار چارۋا-ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھنىڭ نامىغا ئاتاپ، يەنە بىر قىسمىنى بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ ئايرىيتتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەنئام 136-ئايەتتە بايان قىلىندى.

③ بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ جاھىللىقى ۋە ئەقىلسىزلىكى بايان قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى قىزلارنى ياقتۇرمايدىغان تۇرۇپ، ئۇلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلدى. ۋەھالەنكى، ئاللاھ بالا تۇتىدىغان بولسا، ئۆزى قىزلارنى بالا تۇتۇپ، ئوغۇللارنى سىلەرگە ئاتا قىلارمىدى؟

④ ﴿يُنَشَّؤُا﴾ " نُشُوءٌ " دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تەربىيىلىنىش، ئۆسۈش، چوڭ بولۇش مەنىسىدە. بۇ يەردە ئاياللارنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى بايان قىلىندى: 1- ئايال كىشى كىچىكىدىن باشلاپلا زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدۇ. يەنى، يېتىلگەندىن باشلاپلا گۈزەللىككە، ھۆسن-جامالغا تەلپۈنىدۇ. دېمەك ئايال كىشى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى بېجىرىشتىن ۋە باشقۇرۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. 2-ئەگەر باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالسا، (تەبىئىتىدىكى بىر خىل خىجالەت سەۋەبىدىن) قىلىدىغان سۆز تاپالماي تەمتىرەپ قالىدۇ، قارشى تەرەپنىڭ پاكىتلىرىغا ئوچۇق رەددىيە بېرەلمەي قالىدۇ. مانا بۇ ئايال كىشىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىككى تەبىئىي ئاجىزلىق بولۇپ، بۇ نۇقتىدا ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئايەتنىڭ سىياقىدىنمۇ ئەرلەرنىڭ بۇ ئالاھىدىكى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ماۋزۇ ھەم مۇشۇ تېمىدا يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدىكى تەبىئىي پەرق ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار قىزلارغا قارىغاندا ئوغۇللارنى ئارتۇق كۆرەتتى. دېمەك، ئەھۋالى مۇشۇنداق قىزلارنى ھەممىدىن قۇدرەتلىك ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىۋالسا بولامدۇ؟

وَجَعَلُوا۟ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةَ ٱلَّذِينَ هُمْ عِبَـٰدُ ٱلرَّحْمَـٰنِ إِنَـٰثًا ۚ أَشَهِدُوا۟ خَلْقَهُمْ ۚ
سَتُكْتَبُ شَهَـٰدَتُهُمْ وَيُسْـَٔلُونَ ﴿١٩﴾ وَقَالُوا۟ لَوْ شَآءَ ٱلرَّحْمَـٰنُ مَا
عَبَدْنَـٰهُم ۗ مَّا لَهُم بِذَٰلِكَ مِنْ عِلْمٍ ۖ إِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ ﴿٢٠﴾ أَمْ
ءَاتَيْنَـٰهُمْ كِتَـٰبًا مِّن قَبْلِهِۦ فَهُم بِهِۦ مُسْتَمْسِكُونَ ﴿٢١﴾

*ئـۇلار رەھمـان ئاللاھنـىڭ بەندىلـىرى بولغـان پەرىشـتىلەرنى قـىز دەۋالـدى. ئەجبـا ئۇلار پەرىشـتىلەرنىڭ يارىتىلىشـىغا ھازىـر بولغانمۇ؟ (يەنـى ئـۇلار پەرىشـتىلەرنىڭ قـىز ئىكەنلىكىنـى قەيەردىـن بىلـىدۇ؟) ئۇلارنىـڭ دىگەنلىـرى (ئۇلارنىـڭ نامـە ـ ئەماللىغـا) يېزىـپ قويۇلـىدۇ ھەمـدە ئـۇلار (قىيامـەت كۈنـى) سـوراققا تارتىلـىدۇ① [19]. ئـۇلار: «رەھمـان ئاللاھ خالىسـا ئـىدى، بـىز ئۇلارغـا (يەنـى پەرىشـتىلەرگە) چوقۇنمايتتـۇق»② دېـدى. بـۇ توغرۇلـۇق ئۇلارنىـڭ ھېچبىـر مەلۇماتى (يەنـى ئاساسـى) يـوق، ئـۇلار پەقـەت جۆيلۈيـدۇ (يەنـى ئاللاھ نامىدىــن يالغــان ئېيتىــدۇ) [20]. ياكـى بـىز ئۇلارغـا ئۇنىڭدىـن ئىلگـىرى (قانداقتـۇر) بىـرەر كىتـاب بەرگـەن بولـۇپ، ئـۇلار شـۇ كىتابقا مەھكەم ئېسىلىۋالامدۇ؟③ [21]*

① يەنـى ئـۇلار قىيامـەت كۈنـى بـۇ يامـان قىلمىشـىدىن سـوراققا تارتىلىـدۇ ۋە جازالىنىـدۇ. چۈنكـى، ئـۇلاردا پەرىشـتىلەرنى ئاللاھنىـڭ قىزلىرى دەيدىغان دەلىل-پاكىت يوقتۇر.

② يەنـى ئـۇلار ئۆزلىرىچـە قىلمىشـلىرىنى ئاللاھنىـڭ ئىرادىسـى بىلـەن بولغـان دەيـدۇ، بـۇ ئۇلارنىـڭ چـوڭ دەلىلىـدۇر. چۈنكـى، قارىماققا بـۇ دەلىل توغرىـدەك كۆرۈنىـدۇ. ئەلۋەتتـە، ئاللاھنىـڭ ئىرادىسـى بولماسـتىن ھېچ ئىش ۋۇجۇدقـا چىقمايـدۇ، ھـەم چىقالمايـدۇ. لېكىـن، ئۇلار ئاللاھنىـڭ ئىرادىسـى بىلـەن رىزاسـىنىڭ ئايرىم-ئايرىـم نەرسـە ئىكەنلىكىنـى بىلمەيـدۇ. شەكسـىزكى، ھـەر قانـداق ئـىش ئاللاھنىـڭ خاھىشـى بىلـەن بولـىدۇ. لېكىـن، ئاللاھ پەقـەت ئۆزى بۇيرۇغـان ئىشـلاردىنلا رازى بولىدۇ، ئىنسـانىنىڭ (ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن (قىلغان ھەر قانداق ئىشىدىن ئەمەس.

ئىنسـان ئوغۇرلـۇق، پاھىشـە، زۇلـۇم قاتارلىـق چـوڭ گۇناھلارنـى قىلىـدۇ. ئەگـەر ئاللاھ خالىسـا، ھېچكىمگـە بۇ گۇناھلارنـى قىلالايدىغـان كـۈچ-قۇۋۋەت بەرمىگـەن بولاتتـى. گۇنـاھ قىلماقچى بولغـان ئىنسـانىنىڭ قولىنـى دەرھـال تۇتۇۋالغـان بولاتتـى. پۇتىنـى ماڭمـاس، كۆزىنـى كۆرمـەس قىلىـپ قوياتتـى. لېكىـن، بۇنـداق قىلىـش ئىنسـاننى مەجبۇرلىغانلىـق بولـۇپ قالاتتى. ئاللاھ تائـالا ئىنسـانغا سـىناش ئۈچۈن ئىـرادە ئەركىنلىكـى ۋە تاللاش ئىختىيارىنى بەرگـەن. شـۇ ۋەجىدىـن ئاللاھ تائـالا ھـەر ئىككـى خىل ئىشـنى – ئۆزى رازى بولىدىغـان ئىشـنى ۋە رازى بولمايدىغـان ئىشـنى ئېنىـق بايـان قىلىـپ بەردى.

ئىنسان بۇ ئىككى خىل ئىشتىن قايسىبىرىنى قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى قىلىشتىن توسمايدۇ. ئەمما، ئەگەر ئۇ ئىنسان قىلغان ئىش گۇناھ بولسا، بېرىلگەن ئەركىنلىكنى توغرا قوللانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالا دۇنيادا ئۇنىڭدىن بۇ ئەركىنلىكنى تارتىۋالمايدۇ. ئەمما، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم بېرىدۇ.

③ يەنى بىز ئۇلارغا قۇرئاندىن ئىلگىرى قانداقتۇر بىرەر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنمۇ؟ ئۇلار شۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىۋاتامدۇ؟ ياق، ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بەلكى، ئۇلاردا ئاتا - بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن باشقا تايانغۇدەك ھېچقانداق دەلىل يوق.

بَلْ قَالُوٓا۟ إِنَّا وَجَدْنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٍ وَإِنَّا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّهْتَدُونَ ﴿٢٢﴾
كَذَٰلِكَ مَآ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ فِى قَرْيَةٍ مِّن نَّذِيرٍ إِلَّا قَالَ مُتْرَفُوهَآ
إِنَّا وَجَدْنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٍ وَإِنَّا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّقْتَدُونَ ﴿٢٣﴾ ۞ قَٰلَ
أَوَلَوْ جِئْتُكُم بِأَهْدَىٰ مِمَّا وَجَدتُّمْ عَلَيْهِ ءَابَآءَكُمْ ۖ قَالُوٓا۟ إِنَّا
بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٢٤﴾ فَٱنتَقَمْنَا مِنْهُمْ ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ
عَٰقِبَةُ ٱلْمُكَذِّبِينَ ﴿٢٥﴾ وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦٓ إِنَّنِى بَرَآءٌ
مِّمَّا تَعْبُدُونَ ﴿٢٦﴾ إِلَّا ٱلَّذِى فَطَرَنِى فَإِنَّهُۥ سَيَهْدِينِ ﴿٢٧﴾ وَجَعَلَهَا
كَلِمَةًۢ بَاقِيَةً فِى عَقِبِهِۦ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٢٨﴾

*ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ توغرا يولنى تاپقۇچىلارمىز» دەيدۇ [22]. شۇنىڭدەك (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى قانداقلا بىر شەھەرگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇ شەھەرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز، شەكسىزكى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ*

***ئىزنىنى بېسىپ ماڭغۇچىلارمىز» دېيىشەتتى [23]. (ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) «ئاتا - بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى ئېلىپ كەلگەن تۇرسام (سىلەر يەنە ئاتا بوۋاڭلارنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرىۋالامسىلەر؟)» دېگەندە، ئۇلار: «بىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارمىز» دېيىشتى① [24]. بىز ئۇلارنى جازالىدۇق، (ھەق دىننى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن [25]. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن ئۈزۈل - كېسىل يىراقمەن [26]. پەقەت مېنى ياراتقان زات بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى مەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمەن). چۈنكى، ئۇ مېنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدۇ»② [27]. ئىبراھىم ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنى (يەنى شېرىك كەلتۈرگەنلەرنى شېرىكتىن ئىمانغا) قايتسۇن دەپ③، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام قىلدىغان (ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، دېگەن) تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۇلاردا قالدۇرۇپ كەتتى④ [28].***

① يەنى ئاتا-بوۋىلارغا ئەگىشىشتە شۇ قەدەر مەھكەم تۇردىكى، پەيغەمبەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ۋە دەلىللىرى ئۇلارنى بۇ يولدىن قايتۇرالمىدى. بۇ ئايەت قارىغۇلارچە ئەگىشىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر. (تەپسىلاتى ئۇچۇن ئىمام شەۋكانىينىڭ «فەتھۇلقەدىر» تەپسىرىگە قارالسۇن)

② يەنى مېنى ياراتقان زات ماڭا ئۆز دىنىدا چۈشەنچە ئاتا قىلدى، ئۇ مېنى بۇ دىنىدا مۇستەھكەم قىلىدۇ، مەن پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمەن.

③ بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿جَعَلَهَا﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالانى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا بۇ كەلىمىنى ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ ۋەسىيىتىنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادىدا باقىي قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىپ ياشىدى. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە تەۋھىدچىلەرنى يارىتىپ تۇردى، سەۋەبى كىشىلەر ئۇلارنىڭ تەۋھىد دەۋىتى ۋە نەسىھەتلىرىگە ئەگىشىپ،

ھەرۋاقىت شېرىكتىن يىراق تۇرۇشى ئۇچۇندۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَعَلَّهُمْ﴾دىكى ئالماش مەككە ئەھلىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى مەككە ئەھلى شېرىك ئەقىدىگە ئەمەس، خالىس تەۋھىد ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا قايتىشى ئۇچۇندۇر.

④ بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿جَعَلَهَا﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ " لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ " «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنى ئەۋلادىغا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇپ كەتتى. مەسىلەن: ئۇ مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان ئىدى: ﴿ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، ۋە ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى﴾. (سۈرە بەقەرە 132ـ ئايەت)

بَلۡ مَتَّعۡتُ هَٰٓؤُلَآءِ وَءَابَآءَهُمۡ حَتَّىٰ جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ وَرَسُولٞ مُّبِينٞ ﴿٢٩﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ قَالُواْ هَٰذَا سِحۡرٞ وَإِنَّا بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٣٠﴾ وَقَالُواْ لَوۡلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنَ ٱلۡقَرۡيَتَيۡنِ عَظِيمٍ ﴿٣١﴾ أَهُمۡ يَقۡسِمُونَ رَحۡمَتَ رَبِّكَۚ

*(ئى پەيغەمبەر!) بەلكى مەن بۇلارنى (يەنى مەككە ئاھالىسىنى) ۋە بۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى تاكى ئۇلارغا ھەق (قۇرئان) ۋە ھەقىقەتنى بايان قىلغۇچى پەيغەمبەر① كەلگۈچە (ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە نېمەتتىن) بەھرىمەن قىلدىم② [29]. ئۇلارغا ھەق (يەنى قۇرئان) كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ سېھىردۇر، بىز ئۇنى شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىلارمىز» دېيىشتى③ [30]. ئۇلار يەنە: «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەردىن (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى④ [31]. رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلامدىكەن؟⑤*

① بۇ ئايەتتىن باشلاپ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنى ئازابلاشقا ئالدىراپ كەتمىدى. بەلكى، ئۇلارغا تولۇق مۆھلەت بەردى، بىرىلگەن مۆھلەت ئىچىدە ئۇلار تېخىمۇ بىخۇتلاشتى ۋە ئۆز خاھىشلىرىنىڭ قۇلىغا ئايلاندى.

② بۇ يەردىكى «ھەق»تىن قۇرئان كەرىم ۋە «پەيغەمبەر»دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿مُبِينٌ﴾ پەيغەمبەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ، روشەن بايان قىلغۇچى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى روشەن ۋە ئاشكارا، ئۇنىڭدا ھېچ شۈبھە يوق، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

③ ئۇلار قۇرئان كەرىمنى سېھىر دەپ، ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىبارىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتتى.

④ «ئىككى شەھەر» دېگەندە مەككە بىلەن تائىف كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «كاتتا ئادەم» دېگەندە، كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، شۇ ۋاقىتتىكى مەككىنىڭ كاتتىسى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ۋە تائىفنىڭ كاتتىسى ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر باشقا كىشىلەرنىڭ ناملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، مۇشرىكلارنىڭ مەقسىتى ئىلگىرىدىن يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان، پۇل-مېلى كۆپ، قەۋمى بايلىقنى ئېتىراپ قىلىدىغان داڭلىق شەخس پەيغەمبەرلىككە تاللانغان بولسا بولاتتى دېمەكچى ئىدى. يەنى بۇ قۇرئان قول ئىلكىدە كۆپ مال-دۇنياسى بولمىغان، قەۋمى ئىچىدىمۇ يۇقىرى مەنسەپ تۇتمىغان مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم)گە نازىل بولماي، مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن كاتتا بىر ئادەمگە نازىل قىلىنسا بولاتتى، دېيىشتى.

⑤ بۇ يەردىكى ﴿رَحْمَتَ﴾ نېمەت مەنىسىدە. ئۇنىڭدىن بۇ يەردە ھەممىدىن كاتتا نېمەت بولغان پەيغەمبەرلىك نېمىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردىكى سوئال جۈملىمۇ ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى نېمەتلەرنى تەقسىم قىلىش ئۇلارنىڭ ئىشى ئەمەس، رەببىڭنىڭ نېمەتلىرىنى، خۇسۇسەن پەيغەمبەرلىك نېمىتىنى ئۇلار ئۆز خاھىشى بويىچە تەقسىم قىلالمايدۇ. بۇ پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاس ھوقۇقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچى ۋە ھەر شەخسنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار زاتتۇر. ئاللاھ ئۆزى ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەرلىك

تاجىنى كىمنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈشنى، ۋەھيىنى قانداق ئادەمگە نازىل قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ.

نَحۡنُ قَسَمۡنَا بَيۡنَهُم مَّعِيشَتَهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَرَفَعۡنَا بَعۡضَهُمۡ
فَوۡقَ بَعۡضٖ دَرَجَٰتٖ لِّيَتَّخِذَ بَعۡضُهُم بَعۡضٗا سُخۡرِيّٗاۗ وَرَحۡمَتُ رَبِّكَ
خَيۡرٞ مِّمَّا يَجۡمَعُونَ ٣٢ وَلَوۡلَآ أَن يَكُونَ ٱلنَّاسُ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ
لَّجَعَلۡنَا لِمَن يَكۡفُرُ بِٱلرَّحۡمَٰنِ لِبُيُوتِهِمۡ سُقُفٗا مِّن فِضَّةٖ وَمَعَارِجَ
عَلَيۡهَا يَظۡهَرُونَ ٣٣ وَلِبُيُوتِهِمۡ أَبۡوَٰبٗا وَسُرُرًا عَلَيۡهَا يَتَّكِـُٔونَ ٣٤
وَزُخۡرُفٗاۚ وَإِن كُلُّ ذَٰلِكَ لَمَّا مَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ

*ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلدۇق①، رەببىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرىدىن (يەنى پۇل - ماللىرىدىن) كۆپ ياخشىدۇر② [32]. ئىنسانلار (كاپىرلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كۇفرىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ) ھەممىسى (كاپىرلىقتا) بىر ئۈممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى③، رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق [33]. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق [34]. ھەمدە (ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى) ئالتۇندىن بېزەپ بېرەتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا ھاياتىدا پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر④.*

① يەنى بىز ئىنسانلارنى پۇل-مال، رىزىق، ئەقىل، چۈشەنچە ۋە ئىقتىدار جەھەتتە بىر بىرىدىن پەرقلىق قىلىپ ياراتتۇق. پۇل-مېلى كۆپ كىشىلەر پۇلى ئاز كىشىلەرنى، يۇقىرى مەنسەپتىكى كىشىلەر تۆۋەن مەنسەپتىكى كىشىلەرنى، ئاڭلىق ۋە يۇكسەك ئىقتىدارلىق

كىشىلەر تۈۋەن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى باشقۇرۇپ ئىشقا سالسۇن دەپ، شۇنداق قىلدۇق. ئاللاھ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ھېكمىتى بىلەن كائىنات نىزامىنى پۇختا بىر شەكىلدە باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ ھەممە ئادەمنى بايلىق، مەنسەپ، ئىلىم ۋە باشقا ئىقتىدارلاردا باراۋەر قىلىپ قويغان بولسا، ھېچكىم باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىشكە رازى بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك تۈۋەن سانىلىدىغان ئىشلارنىمۇ ھېچكىم قىلمايتتى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى پەرقلىق يارىتىپ، بىر-بىرىگە موھتاج قىلدى. شۇڭا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە بەلكى كۆپ ئادەملەرگە موھتاج بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەتلىرى ناھايىتى كۆپ، بىر ئادەم ھەر قانچە كۆپ پۇل-مالغا ئىگە بولسىمۇ، باشقا ئادەملەرنىڭ ياردىمىگە ۋە مۇلازىمىتىگە ئېرىشمەستىن، ھەممە ئېھتىياجلىرىدىن ئۆزى يالغۇز چىقالمايدۇ.

② بۇ يەردىكى رەھمەتتىن ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ئۆزىنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە تەييارلىغان نېمەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ يەنى دۇنيادىكى مال-مۈلۈك ۋە باياشات تۇرمۇشقا قىزىقىپ، دۇنياپەرەس بولۇپ قالمايدىغان ۋە ئاللاھنىڭ رىزالىقى، ئاخىرەتنىڭ ساۋابىغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالمىسا ئىدى.

④ يەنى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى كۈمۈشتىن، يەنە بىر قىسىم يەرلىرىنى ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق. چۈنكى، مىتاللارنىڭ تۈرى ھەر خىل بولسا، ياسالغان نەرسە تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ. دېمەك دۇنيادىكى مال-مۈلۈك بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان قىممەتسىزدۇر. ئەگەر مەزكۇر خەتەر بولمىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنكار قىلغۇچىلارغا ناھايىتى كۆپ بايلىق ئاتا قىلغان بولاتتى. لېكىن، بۇ ئەھۋالدا خەتەر شۇ بولاتتىكى، ھەممە كىشى پەقەت دۇنيانىلا كۆزلەيدىغان بولۇپ كېتەتتى.مال-دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكى بۇ ھەدىستە ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ: «ئەگەر دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىك قىممىتى بار نەرسە بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا كاپىرغا ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇم سۇمۇ بەرمىگەن بولاتتى». (سۈنەنى تىرمىزى 2320-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 4110-ھەدىس، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 686-ھەدىس)

وَٱلۡأٓخِرَةُ عِندَ رَبِّكَ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿٣٥﴾ وَمَن يَعۡشُ عَن ذِكۡرِ ٱلرَّحۡمَٰنِ
نُقَيِّضۡ لَهُۥ شَيۡطَٰنٗا فَهُوَ لَهُۥ قَرِينٞ ﴿٣٦﴾ وَإِنَّهُمۡ لَيَصُدُّونَهُمۡ عَنِ
ٱلسَّبِيلِ وَيَحۡسَبُونَ أَنَّهُم مُّهۡتَدُونَ ﴿٣٧﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَنَا قَالَ يَٰلَيۡتَ
بَيۡنِي وَبَيۡنَكَ بُعۡدَ ٱلۡمَشۡرِقَيۡنِ فَبِئۡسَ ٱلۡقَرِينُ ﴿٣٨﴾ وَلَن يَنفَعَكُمُ
ٱلۡيَوۡمَ إِذ ظَّلَمۡتُمۡ أَنَّكُمۡ فِي ٱلۡعَذَابِ مُشۡتَرِكُونَ ﴿٣٩﴾

رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى ئاخىرەت (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇنېمەتلەر) تەقۋادارلارغا خاستۇر① [35]. كىمكى رەھمان ئاللاھنىڭ زىكرى (بولغان قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن②، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز ـ دە، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ (يەنى ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)③ [36]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كاپىرلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ئويلايدۇ④ [37]. ئۇ (ئادەم ھەمراھى بىلەن قىيامەت كۈنى) دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا (ھەمراھىغا): «كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسىچۇ! سەن نېمىدېگەن يامان ھەمراھ! (چۈنكى سەن مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە سەۋەبچى بولدۇڭ)» دەيدۇ⑤ [38]. (ئۇلارغا) «سىلەر (دۇنيادىكى چاغدا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزۈڭلارغا) زۇلۇم قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن سىلەرنىڭ ئازابتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ» دېيىلىدۇ [39].

① ئاخىرەت ۋە جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرى شېرىك ۋە گۇناھتىن ساقلىنىپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ياشىغانلار ئۈچۈندۇر.

② ﴿يعْشُ﴾ "عَشَا، يَعْشُو"نىڭ مەنىسى كۆز كېسەللىكى ـ نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قېلىش ياكى كېسەل سەۋەبىدىن كۆز كۆرمەس بولۇپ قېلىش دېگەن مەنىدە. يەنى كىمكى ئاللاھنىڭ زىكرى بولغان قۇرئاندىن كورلۇق قىلىدىكەن يەنى ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن.

③ شەيتان ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غەپلەتتە قالغانلارغا ئايرىلماس دوست ۋە ھەمراھ بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى ھەمىشە ياخشىلىقتىن توسۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى: ئىنسان ئۆزى شۇ شەيتانغا دوست بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ ئايرىلمايدۇ، ھەتتا بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، ئۇنىڭ ھەممە ۋەسۋەسىلىرىگە بويسۇنىدۇ.

④ يەنى شەيتان ئۇنىڭ بىلەن ھەقنىڭ ئارىسىدا توسالغۇ بولىدۇ. ئۇنى ھەق يولدىن توسىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەن ھەقنىڭ ئۈستىدە دەپ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ھەقنىڭ ئۈستىدە دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ياكى كاپىر ئادەم شەيتانلارنى ياخشىلار دەپ قاراپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ ياشايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ ﴿مَشْرِقَيْنِ﴾ مەشرىقنىڭ ئىككىلىك شەكلى بولۇپ، مەشرىق ۋە مەغرىبنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ فَبِئْسَ الْقَرِيْنُ﴾ دېگەندە " أَنْتَ أَيُّهَا الشَّيْطَانُ " دېگەن ئىبارە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان يەنى ئى شەيتان! سەن نېمە دېگەن يامان ھەمراھ؟ بۇ گەپنى كاپىر قىيامەت كۈنى دەيدۇ. ئەمما، ئۇ كۈندە خاتالىقنى ئېتىراپ قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟!

أَفَأَنتَ تُسۡمِعُ ٱلصُّمَّ أَوۡ تَهۡدِي ٱلۡعُمۡيَ وَمَن كَانَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٤٠﴾
فَإِمَّا نَذۡهَبَنَّ بِكَ فَإِنَّا مِنۡهُم مُّنتَقِمُونَ ﴿٤١﴾ أَوۡ نُرِيَنَّكَ ٱلَّذِي وَعَدۡنَٰهُمۡ
فَإِنَّا عَلَيۡهِم مُّقۡتَدِرُونَ ﴿٤٢﴾ فَٱسۡتَمۡسِكۡ بِٱلَّذِيٓ أُوحِيَ إِلَيۡكَۖ إِنَّكَ عَلَىٰ
صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٤٣﴾ وَإِنَّهُۥ لَذِكۡرٞ لَّكَ وَلِقَوۡمِكَۖ وَسَوۡفَ تُسۡـَٔلُونَ ﴿٤٤﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) سەن گاسلارغا ئاڭلىتالامسەن؟ يا كورلارغا يول كۆرستەلەمسەن؟ (يەنى گۇمراھلىقتا قالغان كىشىلەر گاسلارغا، كورلارغا ئوخشايدۇ) ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا قالغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلالامسەن؟① [40] (ئۇلارنى جازالاشتىن ئىلگىرى) بىز سېنى (دەرگاھىمىزغا) ئېلىپ كەتسەك②، (سېنىڭ ۋاپاتىڭدىن كېيىن) ئۇلاردىن چوقۇم ئىنتىقام ئالىمىز (يەنى جازالايمىز)③ [41]. ياكى بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى (سەن ھايات چاغىدا كەلتۈرۈپ) ساڭا كۆرسىتىمىز④. بىز ئۇلارنى ئازابلاشقا***

***ئەلۋەتتە قادىرمىز⑤ [42]. (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ۋەھيي قىلىنغان(قۇرئان)غا چىڭ ئېسىلغىن⑥، سەن ئەلۋەتتە توغرا يولدىسەن⑦ [43]. شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە (كاتتا) نەسىھەتتۇر⑧، سىلەر كەلگۈسىدە (ئۇنىڭغا قارىتا مەسئۇلىيىتىڭلاردىن) سورىلىسىلەر [44].***

① يەنى قىسمەتكە ئەبەدىي شاقاۋەت پۈتۈلگەنلەر ۋەز-نەسىھەتنى ئاڭلىمايدىغان گاس ۋە كورلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار سېنىڭ دەۋىتىڭ بىلەن توغرا يولغا كىرمەيدۇ. بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. خۇددى گاس ئاڭلىيالمىغاندەك، كور كۆرەلمىگەندەك، ئوچۇق گۇمراھلىقتا پاتقان كىشىلەر ھەق تەرەپكە قايتمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغان مۇشۇ خىلدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەققىدە ئارتۇقچە قايغۇرۇپ يۈرمىسۇن دەپ، بۇ يەردە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ.

② يەنى ئۇلارغا ئازاب كېلىشتىن ئىلگىرى ساڭا ئۆلۈم كەلسە ياكى مەككىدىن چىقىرىلساڭ.

③ يەنى ئىرادىمىز بويىچە ئۇلارنى دۇنيادا جازالىماقچى بولساق، ئۇلاردىن دۇنيادىلا ئىنتىقام ئالىمىز، ئەگەر ئۇلارنى دۇنيادا جازالىمىغان تەقدىردە، ئۇلار ئاخىرەتتىكى ئازابتىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

④ يەنى ساڭا ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ياكى سەن مەككىدە تۇرغان ۋاقتىتا ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتىمىز.

⑤ يەنى بىز خالىغان ۋاقىتتا ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرەلەيمىز، چۈنكى بىز شۇنداق قىلىشقا قادىرمىز. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا-بەدرى غازىتىدا كاپىرلار ئېغىر مەغلۇبىيەت ۋە ئىبرەت بولغۇدەك خارلىققا دۇچار بولدى.

⑥ يەنى قۇرئان كەرىمگە مەھكەم ئېسىلغىن، گەرچە ئۇنى باشقىلار ئىنكار قىلسىمۇ.

⑦ بۇ «مەھكەم ئېسىلغىن» دېگەن بۇيرۇقنىڭ سەۋەبى بولۇپ، چۈنكى سەن ھەق يولدىسەن، دېمەكتۇر.

⑧ يەنى بۇ قۇرئان ساڭا ۋە قەۋمىڭگە شەرەپ ۋە ئىززەت ئېلىپ كېلىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان ئۇلارنىڭ تىلىدا نازىل بولدى، ئۇلار قۇرئاننى ھەممىدىن ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادىن ئارتۇق ۋە ئەۋزەل بولالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قۇرئاننى ھەممىدىن ياخشىراق قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتىغا ھەممىدىن كۆپرەك ئەمەل قىلىشى كېرەك. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى ﴿ذِكۡرٌ﴾ دېگەن سۆزنى نەسىھەت مەنىسىدە دەپ ئېلىپ، مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: بۇ يەردىكى ﴿قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە...﴾ دەپ خاسلاشتۇرۇش قۇرئان باشقىلارغا نەسىھەت ئەمەس دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئەرەبلەر قۇرئان بىلەن خىتاب قىلىنغان تۇنجى قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن شۇلار تىلغا ئېلىنغان. بولمىسا، قۇرئان كەرىم پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قۇرئان پەقەت تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر﴾. (سۈرە قەلەم 52-ئايەت) يەنە بىر ئايەتتىكى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾. (سۈرە شۇئەرا 214-ئايەت) دېگەننىڭ مەنىسىمۇ پەقەت يېقىن تۇغقانلىرىڭغىلا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگىن، دېگەنلىك بولمايدۇ، بەلكى، دەۋەتنى ئۆز ئائىلەڭدىن ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭدىن باشلىغىن دېگەنلىك بولىدۇ.

وَسۡـَٔلۡ مَنۡ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رُّسُلِنَآ أَجَعَلۡنَا مِن دُونِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ءَالِهَةٗ يُعۡبَدُونَ ﴿٤٥﴾ وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَقَالَ إِنِّي رَسُولُ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٦﴾ فَلَمَّا جَآءَهُم بِـَٔايَٰتِنَآ إِذَا هُم مِّنۡهَا يَضۡحَكُونَ ﴿٤٧﴾ وَمَا نُرِيهِم مِّنۡ ءَايَةٍ إِلَّا هِيَ أَكۡبَرُ مِنۡ أُخۡتِهَاۖ

*(ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىز (نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى)دىن① سوراپ باققىنكى، بىز رەھمان ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلەپتىمىزمۇ؟ (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنى بارمۇ؟)② [45] شەكسىزكى، بىز مۇسانى پىرئەۋنگە*

*ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە (ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان شانلىق) مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق، مۇسا (پىرئەۋنگە): «مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ (سېنى ۋە قەۋمىڭنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) ئەلچىسىمەن» دېدى③ [46]. مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كېلىۋىدى، ئۇلار شۇ ھامان بۇ مۆجىزىلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلدى④ [47]. بىز ئۇلارغا بىر ـ بىرىدىن كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق⑤،*

① بۇ سوئال پەيغەمبەرلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىققىدىغان چاغدا بەيتۇلمەقدىستە ياكى ئاسماندا ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا سورالغان. يەنە بىر مەنىسى، بۇ يەردە " أَتْبَاعٌ " ئەگەشكۈچىلىرى دېگەن سۆز جۈملىدىن قالدۇرۇلغان دەپ ئالساق، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ۋە ناسارالار)دىن سورىغىن، چۈنكى بۇلار ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىدىن خەۋەردار، ئۇلارغا نازىل قىلىنغان كىتابلار بۇلارنىڭ قوللىرىدا مەۋجۇت، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

② بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئەلۋەتتە مەنپىي بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئۇنداق بەلگىلىگەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھەربىر پەيغەمبەر پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشقا بۇيرۇلغان.

③ مەككە كاپىرلىرى مۇنداق دېگەن ئىدى: ئەگەر ئاللاھ تائالا بىرەر ئادەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولسا، مەككە ۋە تائىف ئادەملىرىدىن كاتتا پۇلدار بىر ئادەمنى تاللىغان بولاتتى. خۇددى پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ: مەن مۇسادىن ئەۋزەل، ئۇ مەندىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ئۇ تېخى ئوچۇق سۆزلىيەلمەيدۇ، دېگىنىدەك. ئۇنىڭ بايانى تۆۋەندە كېلىدۇ. قارىغاندا مۇشۇ ئوخشاشلىق سەۋەبىدىن بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن قىسسىسى تەكرار بايان قىلىنغاندەك تۇرىدۇ. يەنە بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېغىر مۇشكۈللۈكلەرگە يولۇققان، شۇنداقتىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن بوشاشماي دەۋەت قىلغان، سەنمۇ مەككە

كاپىرلىرىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن، چىدامچان بولغىن، بوشىشىپ قالمىغىن. مۇسا ئەلەيھىسسالام غەلىبە قىلغاندەك، سەنمۇ چوقۇم غەلىبە قىلىسەن، مەككە ئەھلى پىرئەۋنگە ئوخشاش مەغلۇپ بولىدۇ.

④ مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى، ئۇلار ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كۆپ دەلىل ۋە مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدى. ئۇلار بۇ شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇنى يالغانغا چىقىرىپ مەسخىرە قىلىشتى، ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈشتى ۋە بۇ مۆجىزە ئەمەس، سېھىردۇر، ئۇنداق سېھىرنى بىزمۇ قىلالايمىز، دېيىشتى.

⑤ بۇ يەردىكى مۆجىزىلەردىن سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا ۋە قان قاتارلىق بالايىئاپەتلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى ئۇلارغا كۆرسىتىلدى. بۇ ۋەقە سۈرە ئەئراف 133-135-ئايەتلەردە بايان قىلىندى. ھەربىر كەلگەن يېڭى مۆجىزە ئىلگىرىكىسىدىن چوڭ ۋە كاتتا ئىدى، ئۇنىڭدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكى نامايان بولۇپ تۇراتتى.

وَأَخَذْنَٰهُم بِٱلْعَذَابِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٤٨﴾ وَقَالُوا۟ يَٰٓأَيُّهَ ٱلسَّاحِرُ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَ إِنَّنَا لَمُهْتَدُونَ ﴿٤٩﴾ فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُمُ ٱلْعَذَابَ إِذَا هُمْ يَنكُثُونَ ﴿٥٠﴾ وَنَادَىٰ فِرْعَوْنُ فِى قَوْمِهِۦ قَالَ يَٰقَوْمِ أَلَيْسَ لِى مُلْكُ مِصْرَ وَهَٰذِهِ ٱلْأَنْهَٰرُ تَجْرِى مِن تَحْتِىٓ

*ئۇلارنى (كۇفرىدىن) قايتسۇن دەپ (تۈرلۈك) ئازابلار بىلەن جازالىدۇق① [48]. (ئۇلار ئازابنى كۆرگەندە) «ئى سېھىرگەر!② سەن رەببىڭنىڭ③ (دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىمەن دېگەن) ۋەدىسى بويىچە④، ئۇنىڭغا بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، (ئۇ بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسە) بىز چوقۇم توغرا يولغا كىرىمىز» دېدى⑤ [49]. (مۇسانىڭ دۇئاسى بىلەن) ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتۇدۇق،*

***ئۇلار شۇ ھامان (ئەھدىسىدىن) يېنىۋالدى (يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالدى) [50]. پىرئەۋن ئۆز قەۋمىگە (پەخىرلەنگەن ھالدا) نىدا قىلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى⑥ ۋە ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟⑦***

① يۇقىرىقى مۆجىزىلەر ياكى ئازابلاردىن مەقسەت ئۇلارنى ھەقنى ئىنكار قىلىشتىن قايتۇرۇش ئىدى.

② ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك يامان كۆرۈلمەيتتى. ئۇلار ئالىم-پازىل كىشىلەرنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن سېھىرگەر دەپ چاقىراتتى. كۆرسىتىلگەن مۆجىزىلەر ھەققىدىمۇ ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەرلىكتە كامالەتكە يەتكەن كىشى دەپ قارىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى «ئى سېھىرگەر!» دەپ چاقىرغان ئىدى.

③ «رەببىڭنىڭ» دېگەن سۆزنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىكلىك مەيدانىدا تۇرۇپ دېدى. چۈنكى، مۇشرىكلارنىڭ ھەر خىل رەب ۋە ئىلاھلىرى بولاتتى. شۇڭا ئۇلار: «سەن رەببىڭگە دۇئا قىلىپ بۇ ئازابنى كۆتۈرگۈزۈۋەتكىن» دېدى.

④ يەنى بىز ئىمان ئېيتساق ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋەدىسى بويىچە.

⑤ ئۇلار: ئەگەر بۇ ئازاب كۆتۈرۈۋېتىلسە، بىز سېنى ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى دەپ ئىمان ئېيتىمىز ۋە سېنىڭ رەببىڭگىلا ئىبادەت قىلىمىز، دەپ ئەھدە قىلاتتى. لېكىن، ھەر قېتىم ئازاب كۆتۈرۈۋېتىلگەندە، قىلغان ۋەدىلىرىنى بۇزاتتى. بۇ نۇقتا تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ. ئىلگىرى سۈرە ئەئرافتىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى.

⑥ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بىر-بىرىدىن كاتتا مۆجىزىلەرنى ئارقا-ئارقىدىن كۆرسىتىۋەردى، پىرئەۋن بۇنىڭدىن قەۋمىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرەپكە مايىل بولۇپ كېتىشىدىن قورقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى يوشۇرۇش ۋە قەۋمىنى داۋاملىق ئالداپ تۇتۇش ئۈچۈن، يېڭى ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە كىرىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى پەش قىلىپ، سەلتەنىتىنىڭ سۈرى بىلەن قەۋمىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازىنى تۆۋەن

كۆرسىتىش مەقسىتىدە مۇشۇ سۆزلەرنى قىلدى.

⑦ بۇ يەردىكى «دەريالار» نىل دەرياسىنى ياكى ئۇنىڭدىن ئېقىپ چىققان، پىرئەۋننىڭ قەسرى ئاستىدىن ئۆتىدىغان كىچىك ئېرىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

أَفَلَا تُبۡصِرُونَ ﴿٥١﴾ أَمۡ أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡ هَٰذَا ٱلَّذِي هُوَ مَهِينٞ وَلَا
يَكَادُ يُبِينُ ﴿٥٢﴾ فَلَوۡلَآ أُلۡقِيَ عَلَيۡهِ أَسۡوِرَةٞ مِّن ذَهَبٍ أَوۡ جَآءَ
مَعَهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ مُقۡتَرِنِينَ ﴿٥٣﴾ فَٱسۡتَخَفَّ قَوۡمَهُۥ فَأَطَاعُوهُۚ إِنَّهُمۡ
كَانُواْ قَوۡمٗا فَٰسِقِينَ ﴿٥٤﴾ فَلَمَّآ ءَاسَفُونَا ٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ فَأَغۡرَقۡنَٰهُمۡ
أَجۡمَعِينَ ﴿٥٥﴾ فَجَعَلۡنَٰهُمۡ سَلَفٗا وَمَثَلٗا لِّلۡأٓخِرِينَ ﴿٥٦﴾ ۞ وَلَمَّا ضُرِبَ
ٱبۡنُ مَرۡيَمَ مَثَلًا إِذَا قَوۡمُكَ مِنۡهُ يَصِدُّونَ ﴿٥٧﴾

*(مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ بەلكى① مەن كېپىنى ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسادىن) ياخشىمەن»② [52 ـ 51]. (ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) نېمىشقا ئۇنىڭغا ئالتۇن بىلەزۈكلەر تاشلاپ بېرىلمىدى؟③ ياكى نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىللە (ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن) پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟»④ [53] (پىرئەۋن) قەۋمىنى (شۇنداق) ئالدىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىرئەۋنگە ئىتائەت قىلدى⑤. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم ئىدى [54]. ئۇلار بىزنى غەزەپلەندۈرگەندە، بىز ئۇلارنى قاتتىق جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق [55]. ئۇلارنى بىز كېيىنكىلەر ئۈچۈن (كاپىرلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشىدا) نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق⑥ [56]. (ئى پەيغەمبەر!) مەريەمنىڭ ئوغلى (ئىيسا قۇرئاندا) مىسال كەلتۈرۈلگەندە، سېنىڭ قەۋمىڭ شۇ ھامان (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كەتتى [57].*

① ﴿اَمْ﴾ بۇ يەردە بەلكى مەنىسىدە كەلگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى سوئال ئۈلانمىسى بولۇپ كەلگەن دەپ ئالىدۇ.

② بۇ يەردە سۈرە تاھادا تىلغا ئېلىنغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىكى كېكەچلىكنى دېمەكچى.

③ شۇ دەۋردە مىسىر ۋە پارىس پادىشاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى تاقىۋالاتتى. شۇنىڭدەك قەبىلە باشلىقلىرىمۇ بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەزۈك، بويۇنلىرىغا ئالتۇن زەنجىرلەرنى تاقىۋالاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ بەگ-ئەمەلدار ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارىتا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازى يوق. ئەگەر ئىمتىيازى بولغان بولسا، قولىدا چوقۇم ئالتۇن بىلەزۈكلەر بولاتتى، دەپ ئۇنى كەمستمەكچى بولدى.

④ بۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى تەستىقلاش ئۈچۈن پەرىشتىلەر بىللە كەلمەيتۇ ياكى پادىشاھلاردەك شان-شەۋكىتىنى نامايان قىلىدىغان ئادەملىرىمۇ يوقكەن.

⑤ يەنى " اِسْتَخَفَّ عُقُوْلَهُمْ " پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنىڭ ئەقلىنى كۆزگە ئىلمىدى ياكى ئۇلارنىڭ كەم ئەقىل ئىكەنلىكىنى كۆردى. دېمەك، ئۇلارنى ئالدىۋەتتى، ئۇلارنى جاھالەت ۋە زالالەتتە چىڭ تۇرۇشقا قاتتىق تەرغىب قىلدى. نەتىجىدە قەۋمى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتتى.

⑥ ﴿اٰسَفُوْنَا﴾ " أَيْ أَسْخَطُوْنَا أَوْ أَغْضَبُوْنَا» يەنى ئۇلار بىزنى غەزەپلەندۇرگەندە. خۇددى " خَدَمٌ " دېگەن " خَادِمٌ "نىڭ ۋە "حَرَسٌ " دېگەن " حَارِسٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغاندەك ﴿سَلَفاً﴾ دېگەن " سَالِفٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئىلگىرى ئۆتكەنلەر دېگەن مەنىدە. يەنى ئۇلارنى ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن قىلىۋەتتۇق، يەنى ئۇلارنى كېيىنكىلەر ئۈچۈن نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق. دېمەك، كېيىنكىلەر پىرئەۋنگە ئوخشاش كۇفۇرلۇق ۋە زۇلۇم قىلمىسۇن، چوڭچىلىق قىلىپ زېمىندا پاسات تېرىمىسۇن ۋە پىرئەۋن يولۇققان يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ساقلانسۇن دەپ ئىبرەتلىك بىر نەمۇنە قالدۇردۇق.

وَقَالُوٓاْ ءَأَٰلِهَتُنَا خَيۡرٌ أَمۡ هُوَۚ مَا ضَرَبُوهُ لَكَ إِلَّا جَدَلَۢاۚ بَلۡ هُمۡ قَوۡمٌ
خَصِمُونَ ﴿٥٨﴾ إِنۡ هُوَ إِلَّا عَبۡدٌ أَنۡعَمۡنَا عَلَيۡهِ وَجَعَلۡنَٰهُ مَثَلٗا لِّبَنِيٓ
إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿٥٩﴾ وَلَوۡ نَشَآءُ لَجَعَلۡنَا مِنكُم مَّلَٰٓئِكَةٗ فِي ٱلۡأَرۡضِ
يَخۡلُفُونَ ﴿٦٠﴾

***ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىيسامۇ؟» دېدى. ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت جېدەل تېرىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار (خۇسۇمەت قىلىدىغان) جېدەلخور قەۋمدۇر① [58]. ئۇ (يەنى ئىيسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت بىز پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشتۈرگەن بىر بەندىدۇر، بىز ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق② [59]. ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە زېمىندا سىلەرگە ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەتتۇق③ [60].***

① شېرىك كەلتۈرگەنگە رەددىيە بېرىش ۋە يالغان مەبۇدلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇشرىكلىرىگە دېيىلگەن: سىلەر ۋە سىلەر چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلارمۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دېگەن جۈملىدىكى مەبۇدلاردىن مۇشرىكلار چوقۇنۇپ كەلگەن تاشتىن ياسالغان بۇتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما، ھايات ۋاقتىدا كىشىلەرنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئۆتكەن، ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كېيىنكىلەر ئۇلارنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، چوقۇنغان سالىھ كىشىلەر مەزكۇر مەبۇدلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. قۇرئان كەرىم ئۇ سالىھ كىشىلەرنىڭ دوزاختىن يىراق قىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز تەرەپتىن بېرىلگەن بەخت ـ سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار (يەنى تائەت ـ ئىبادەتكە تەۋپىق بېرىلىپ، توغرا يولدا ئىبادەت قىلغان سائادەتمەن بەندىلەر) دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ﴾. (سۈرە ئەنبىيا 101 ـ ئايەت) چۈنكى، بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ ھېچ گۇناھى يوق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن قۇرئان كەرىم تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇتلار ئۈچۈن ئاقىل بولمىغان نەرسىلەرگە قوللىنىدىغان " ما " نىسپىي ئالماشنى ئىشلەتتى.

مەسىلەن: ﴿(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسىڭلار بىلەن دوزاختا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر﴾. (سۈرە ئەنبىيا 98-ئايەت) دېمەك، دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ قاتارىغا مۇشرىكلار ئۆزلىرىچە مەبۇد قىلىۋالغان پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلار كىرمەيدۇ. يەنى باشقا بۇتلار قاتارىدا شەخسلەرنىڭ شەكىللىرىگە ئوخشۇتۇلۇپ ياسالغان ھەيكەللەرنى ئاللاھ تائالا دوزاختا تاشلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ شەخسلەر بولسا دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن مەسىھ (ئىيسا) ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيەلىگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بۇنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا: خرىستىئانلار مەبۇد قىلىۋالغان ئىيسانى ياخشى دەيدىكەنسەن، بىزنىڭ مەبۇدلىرىمىزنى نېمە ئۈچۈن يامان دەيسەن؟ بىزنىڭ مەبۇدلىرىمىز ياخشى ئەمەسمۇ؟ ياكى بىزنىڭ مەبۇدلىرىمىز دوزاخقا كىرىدىغان بولسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە يەھۇدىيلار چوقۇنىدىغان ئۇزەير ئەلەيھىسسالاممۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دەپ خۇسۇمەت قىلىشتى. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا كەلتۈرگەن مىسالدىن ئۆزلىرىچە خۇشال بولۇپ، سۈرەن سېلىپ كەتكەنلىكىنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈن دەپ كۆرسەتتى. خۇسۇمەتتە جېدەللەشكۈچى ئۆزىدە ھېچقانداق بىر دەلىل يوقلىقىنى بىلسىمۇ، پەقەت ئۆز پىكرىنى يورغىلىتىپ، جېدەللىشىشتىن يانمايدۇ.

② ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقى بىر مۆجىزە، دەلىل ۋە ئالامەت بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۇرۇش قاتارلىق مۆجىزىلەر نۇقتىسىدىنمۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىلدۇر.

③ يەنى سىلەرنى يوق قىلىپ، ئورنۇڭلارغا زېمىندا پەرىشتىلەرنى يەرلەشتۈرەتتۇق، خۇددى سىلەر بىر - بىرىڭلارغا ئورۇنباسار بولغاندەك، پەرىشتىلەر بىر - بىرىگە ئورۇنباسار بولاتتى. دېمەك، پەرىشتىلەرنىڭ ئاسماندا تۇرغانلىقى ئۇلارنى ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق دېگەن شەرەپكە ئىگە قىلمايدۇ. بىز ئىرادىمىز ۋە تەقدىرىمىز بويىچە پەرىشتىلەرنى ئاسماندا تۇرىدىغان، ئىنسانلارنى زېمىندا تۇرىدىغان قىلدۇق. ئەگەر بىز خالىساق، پەرىشتىلەرنى زېمىندىمۇ تۇرىدىغان قىلاتتۇق.

وَإِنَّهُۥ لَعِلْمٌ لِّلسَّاعَةِ فَلَا تَمْتَرُنَّ بِهَا وَٱتَّبِعُونِۚ هَٰذَا صِرَٰطٌ
مُّسْتَقِيمٌ ﴿٦١﴾ وَلَا يَصُدَّنَّكُمُ ٱلشَّيْطَٰنُۖ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٦٢﴾
وَلَمَّا جَآءَ عِيسَىٰ بِٱلْبَيِّنَٰتِ قَالَ قَدْ جِئْتُكُم بِٱلْحِكْمَةِ وَلِأُبَيِّنَ
لَكُم بَعْضَ ٱلَّذِى تَخْتَلِفُونَ فِيهِۖ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿٦٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ
هُوَ رَبِّى وَرَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُۚ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٦٤﴾ فَٱخْتَلَفَ
ٱلْأَحْزَابُ مِنۢ بَيْنِهِمْۖ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مِنْ عَذَابِ يَوْمٍ
أَلِيمٍ ﴿٦٥﴾

***شەكسىزكى، ئۇ (يەنى ئىيسانىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى) ئەلۋەتتە قىيامەتنىڭ (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر①، ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) ھەرگىز شەك كەلتۈرمەڭلار. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا دېگىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر [61]. شەيتان سىلەرنى (توغرا يولدىن) توسۇپ قويمىسۇن (يەنى شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدانماڭلار)، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر» [62]. ئىيسا روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ دېدى: «مەن سىلەرگە ھېكمەتنى (پەيغەمبەرلىكنى) ئېلىپ كەلدىم. سىلەرگە ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان نەرسەڭلارنىڭ (يەنى دىنىي ئىشلارنىڭ) بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىم②، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار [63]. شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» [64]. ئۇلار (يەنى ناسارالار)نىڭ ئىچىدىكى پىرقىلەر (ئىيسا توغرىسىدا) ئىختىلاپ قىلىشتى③، (قىيامەتتىن ئىبارەت) قاتتىق كۈننىڭ ئازابىدىن زالىملارنىڭ ھالىغا ۋاي! [65]***

① ﴿إِنَّهُ﴾دىكى ئۇچىنچى شەخس ئالماش ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. ﴿عِلْمٌ﴾ بۇ يەردە ئالامەت مەنىسىدە كەلگەن. كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەت قىيامەت يېقىنلاشقاندا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە

سەھىھ ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشۈشى قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى " عَلَمٌ " دەپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى " ع " ۋە " ل "نى زەۋەرلىك ئوقۇپ تەپسىر قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ مەنىسى بەلگە ۋە ئالامەت بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشىنى قىيامەتنىڭ ئالامىتى دەپ بەلگىلەش ئۇنىڭ مۆجىزە شەكلىدە تۇغۇلغانلىقىغا ئاساسەن بولغان يەنى ئاللاھنىڭ ئۇنى ئاتىسىز ياراتقانلىقىغا ئاساسەن بولغان. ئۇنىڭ شۇنداق تۇغۇلىشىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنى بارلىق ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۇرىدىغانلىقىغا ئالامەتتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرگەن كىشى قىيامەتنىڭ بولۇشىدىن ھېچ شەكلەنمەيدۇ، ھەتتا شەكلىنىشكە ئورۇنمۇ قالمايدۇ.

② يەنى ﴿مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن (كەلدىم). سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە (مېنىڭ ئەمرىمگە) ئىتائەت قىلىڭلار﴾. (سۈرە ئال ئىمران 50-ئايەت)

③ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ يەردىكى ئىختىلاپ قىلىشقان پىرقىلەر يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى كۆرسىتىدۇ. يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتىپ، ئۇنى «ھارامدىن بولغان بالا» دېدى. ناسارالار بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاشتا چەكتىن ئېشىپ، ئۇنى مەبۇد قىلىۋالدى. باشقا مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ناسارالار ئىچىدىكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بىر-بىرى بىلەن قاتتىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچى ھەر خىل پىرقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پىرقىلەرنىڭ بەزىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ئىككىنچى ئاللاھ، ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ دەۋا قىلىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئۇنى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا ٱلسَّاعَةَ أَن تَأۡتِيَهُم بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ٦٦
ٱلۡأَخِلَّآءُ يَوۡمَئِذِۭ بَعۡضُهُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوٌّ إِلَّا ٱلۡمُتَّقِينَ ٦٧ يَٰعِبَادِ لَا
خَوۡفٌ عَلَيۡكُمُ ٱلۡيَوۡمَ وَلَآ أَنتُمۡ تَحۡزَنُونَ ٦٨ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِـَٔايَٰتِنَا

وَكَانُوا۟ مُسْلِمِينَ ﴿٦٩﴾ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ أَنتُمْ وَأَزْوَٰجُكُمْ تُحْبَرُونَ ﴿٧٠﴾
يُطَافُ عَلَيْهِم بِصِحَافٍ مِّن ذَهَبٍ وَأَكْوَابٍ

*ئۇلار قىيامەتنىڭ ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا كۈتىدۇ [66]. بۇ كۈندە دوستلار بىر - بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (ئاللاھ ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا بۇنىڭ سىرتىدا (ئۇلار ئۇنداق ئەمەستۇر)① [67]. (ئۇ تەقۋادارلارغا) «ئى بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قىلچە قورقۇنچ يوق، سىلەر غەم - ئەندىشە قىلمايسىلەر» (دېيىلىدۇ)② [68]. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى [69]. (ئۇلارغا) «سىلەر ۋە ئاياللىرىڭلار خۇشال - خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ)③ [70]. ئۇلارغا (نازۇنېمەتلەر تىزىلغان) ئالتۇن لېگەنلەر ۋە (شەربەت تولدۇرۇلغان) ئالتۇن جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ④.*

① چۈنكى كاپىرلارنىڭ دوستلۇقى كۇفرىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ كۇفرى سەۋەبلىك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار گۇناھنى بىر-بىرىگە ئارتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ. ئەمما، تەقۋادارلار ۋە مۆئمىنلەرنىڭ دوستلۇقى دىن ۋە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ دىن ۋە ئاللاھنىڭ رىزالىقى سەۋەبىدىن ئۇلار كۆپ ياخشىلىققا ۋە ساۋابقا نائىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ھېچ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ھەتتا ئاخىرەتتىمۇ دۇنيادىكىدەك داۋام قىلىدۇ.

② بۇ سۆزلەر قىيامەت كۈنى دۇنيادىكى چېغىدا پەقەت ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن دوست بولغان تەقۋادارلارغا دېيىلىدۇ. ھەدىسلەردە ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولۇشنىڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان. بەلكى، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش ئىماني مۇكەممەللىكنىڭ ئىپادىسى دەپ كۆرسىتىلگەن.

③ ﴿أَزْوَٰجُكُمْ﴾ دېگەندىن بەزى مۇپەسسىرلەر مۆئمىن ئاياللار كۆزدە تۇتۇلغان دېسە، بەزىلىرى مۆئمىن قېرىنداشلار كۆزدە تۇتۇلغان دەيدۇ.

بەزىلەر ئۇنىڭدىن جەننەتتىكى ھۆرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى توغرا، چۈنكى جەننەتتە بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ﴿تُحۡبَرُونَ﴾ " حَبْرٌ " دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، مەنىسى جەننەتتىكى نېمەت ۋە ئىززەتتىن خۇشاللىقا ۋە خۇرسەنلىككە ئېرىشىسىلەر، دېمەكتۇر.

④ ﴿صِحَافٍ﴾ " صَحْفَةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، تائام قويۇلىدىغان لېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەڭ چوڭ لېگەن " جَفْنَةٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكرەكى " قَصْعَةٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. (ئۇنىڭدا ئون ئادەم بىر ۋاقىتتا تاماق يېيەلەيدۇ). " صَحْفَةٌ " بولسا " قَصْعَةٌ "نىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ. ئەڭ كىچىكى " مَكِيْلَةٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك جەننەت ئەھلىگە ئەنە شۇنداق ئالتۇن لېگەنلەردە تائام بېرىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

وَفِيهَا مَا تَشۡتَهِيهِ ٱلۡأَنفُسُ وَتَلَذُّ ٱلۡأَعۡيُنُۖ وَأَنتُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٧١﴾
وَتِلۡكَ ٱلۡجَنَّةُ ٱلَّتِيٓ أُورِثۡتُمُوهَا بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٧٢﴾ لَكُمۡ فِيهَا
فَٰكِهَةٞ كَثِيرَةٞ مِّنۡهَا تَأۡكُلُونَ ﴿٧٣﴾ إِنَّ ٱلۡمُجۡرِمِينَ فِي عَذَابِ جَهَنَّمَ
خَٰلِدُونَ ﴿٧٤﴾ لَا يُفَتَّرُ عَنۡهُمۡ وَهُمۡ فِيهِ مُبۡلِسُونَ ﴿٧٥﴾ وَمَا ظَلَمۡنَٰهُمۡ
وَلَٰكِن كَانُواْ هُمُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧٦﴾ وَنَادَوۡاْ يَٰمَٰلِكُ لِيَقۡضِ عَلَيۡنَا
رَبُّكَۖ قَالَ إِنَّكُم مَّٰكِثُونَ ﴿٧٧﴾ لَقَدۡ جِئۡنَٰكُم بِٱلۡحَقِّ وَلَٰكِنَّ
أَكۡثَرَكُمۡ لِلۡحَقِّ كَٰرِهُونَ ﴿٧٨﴾

***جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار. (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر بۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىسىلەر① [71]. سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس قىلىنغان جەننەت ئەنە شۇدۇر [72]. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر [73]. شەكسىزكى، ئۇ (ئىمانسىز) گۇناھكارلار (يەنى كاپىرلار) دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [74]. ئۇلاردىن ئازاب (بىردەممۇ) يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار ئازاب ئىچىدە (ھەر قانداق ياخشىلىقتىن ۋە قۇتۇلۇشتىن)***

*ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەردۇر② [75]. ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى [76]. ئۇلار (يەنى كاپىرلار) (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك!③ رەببىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن»④ دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئەلۋەتتە (بۇ ئازابتا شۇنداق) تۇرۇۋېرىسىلەر» دەيدۇ⑤ [77]. شەكسىزكى، بىز سىلەرگە ھەق (دىن)نى كەلتۈردۇق⑥، لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق (دىن)نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر [78].*

① يەنى بىر مىراسخور مىراسقا ئىگە بولغاندەك، ئۇلار جەننەتكە ۋارىس بولىدۇ. دېمەك خۇددى جەننەتمۇ بىر مىراسقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا دۇنيادا ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەل بىلەن ھايات كەچۈرگەنلەر ۋارىس بولىدۇ.

② يەنى نىجات تېپىشتىن ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەردۇر.

③ «مالىك» دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىنىڭ نامىدۇر.

④ يەنى بىزنىڭ جانلىرىمىزنى ئالسۇن، بىزنى بىز تارتىۋاتقان ئازابتىن راھەتكە چىقارسۇن، دەيدۇ.

⑤ يەنى ئۇ يەردە ئۆلۈم بولمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئازاب ئىچىدىكى ھاياتى ئۆلۈمدىن بەتتەر بولىدۇ. ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا چارە ھەم يوقتۇر.

⑥ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بايانى ياكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈۋاتقان بولىدۇ، خۇددى بىر كادىر ھۆكۈمەتنىڭ تەلىماتىنى يەتكۈزگەندە ۋاكالىتەن «بىز» دەپ سۆز قىلغاندەك. ﴿أَكْثَرَكُمْ﴾ «كۆپچىلىكىڭلار» دېگەن دوزىخىلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن، باشلامچىلار، رەھبەرلەر ۋە رەئىسلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قالغان دوزىخىلار ئەگەشكۈچىلەر بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. «ھەق» دېگەندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئەۋەتىپ تۇرغان دىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى «ھەق» قۇرئان كەرىم ۋە ئىسلام دىنىدۇر.

أَمۡ أَبۡرَمُوٓاْ أَمۡرٗا فَإِنَّا مُبۡرِمُونَ ﴿٧٩﴾ أَمۡ يَحۡسَبُونَ أَنَّا لَا نَسۡمَعُ سِرَّهُمۡ
وَنَجۡوَىٰهُمۚ بَلَىٰ وَرُسُلُنَا لَدَيۡهِمۡ يَكۡتُبُونَ ﴿٨٠﴾ قُلۡ إِن كَانَ لِلرَّحۡمَٰنِ وَلَدٞ
فَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلۡعَٰبِدِينَ ﴿٨١﴾ سُبۡحَٰنَ رَبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ رَبِّ ٱلۡعَرۡشِ
عَمَّا يَصِفُونَ ﴿٨٢﴾ فَذَرۡهُمۡ يَخُوضُواْ وَيَلۡعَبُواْ حَتَّىٰ يُلَٰقُواْ يَوۡمَهُمُ
ٱلَّذِي يُوعَدُونَ ﴿٨٣﴾

*ئۇلار (پەيغەمبەرگە سۇيىقەست قىلىشتا) بىرەر ئىشنى قارار قىلدىمۇ؟ بىزمۇ چوقۇم (ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىش ھەققىدە بىر ئىشنى) قارار قىلىمىز① [79]. ئۇلار بىزنى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە پىچىرلاشقانلىقلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. (بىز ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز②، ئۇنىڭ ئۈستىگە) بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلىرىمىز) ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ (قىلمىشلىرىنى) يېزىپ تۇرىدۇ③ [80]. (ئى پەيغەمبەر! «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دەيدىغان مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر رەھمان ئاللاھنىڭ بالىسى بولسا ئىدى، مەن ئۇنىڭغا (يەنى ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم، (ئەمما ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر)»④ [81]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى، ئەرشنىڭ رەببى (ئاللاھ) ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن پاكتۇر⑤ [82]. ئۇلارنى (يەنى مەككە كاپىرلىرىنى) (گۇمراھلىقلىرىدا ۋە نادانلىقلىرىدا) قويۇپ تۇرغىن⑥، ئۇلار ۋەدە قىلىنغان (قىيامەت) كۈنىگە مۇلاقات بولغانغا قەدەر (ئۆز باتىللىرىغا) چۆمسۇن ۋە (دۇنياسى بىلەن) ئويناپ تۇرسۇن⑦ [83].*

① «إِبْرَامُ»نىڭ مەنىسى «اِحْكَامُ وِاتْقَانُ» يەنى بىر ئىشنى پۇختا قىلىش دېمەكتۇر. ﴿أَمْ﴾ بەلكى مەنىسىدە كەلگەن. يەنى ئۇ دوزىخىلار ھەقنى ياقتۇرماسلىق بىلەن بولدى قىلمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇلارغا قارشى بىزمۇ پىلان ۋە تەدبىر تۈزدۇق، بىزدىن پۇختا پىلان تۈزەلەيدىغان كىم بار؟ ئۇنىڭ بىلەن مەنداش بولغان يەنە بىر ئايەت بار: ﴿ياكى ئۇلار ساڭا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتەمدۇ؟ كاپىرلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى مەغلۇپ بولىدۇ﴾. (سۈرە

تۇر 42-ئايەت)

② يەنى ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆزلىرىنى، كۆڭۈللىرىگە پۈككەنلىرىنى ياكى خىلۋەتتە دېيىشكەن سۆزلىرىنى ياكى ئۆزئارا پىچىرلاشقانلىرىنى ئۇلار ئۆزلىرىچە بىزنى ئاڭلىمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بىز ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىمىز.

③ يەنى ئەلۋەتتە ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىز ئەۋەتكەن پەرىشتىلەر ھەم ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىك بارلىق ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ.

④ چۈنكى مەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائەتمەن بىر بەندىسىمەن، مېنى بۇيرۇغان جىمى ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمەن. ئەگەر راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بولىدىغان بولسا، مەن ئەلۋەتتە ئۇ بالىغا باش تارتماستىن بىرىنچى بولۇپ ئىبادەت قىلغان بولاتتىم. بۇ ئايەت مۇشرىكلارنىڭ «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەپ قىلغان دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىدۇ ۋە ئۇنداق ئېتىقادنى بىتچىت قىلىدۇ.

⑤ بۇ جۈملە ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بۈيۈكلىكى ۋە كاتتىلىقىنى بايان قىلغان ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۇشرىكلار ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىۋالغان نەرسىلەردىن ئۇنىڭ پاكلىقىنى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى بايان قىلغان.

⑥ يەنى ئەگەر بۇلار ھىدايەت يولىنى تاللىمىسا، ئۇلارنى ئەمدى ئۆز ھالىغا قويغىن، ئۇلار دۇنيا ئويۇن-كۈلكىلىرى بىلەن مەشغۇل بولىۋەرسۇن. بۇ ئىبارە قاتتىق بىر تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

⑦ قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسى كۆز ئالدىغا كېلىدىغان كۈندە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىدۇ.

وَهُوَ ٱلَّذِى فِى ٱلسَّمَآءِ إِلَٰهٌ وَفِى ٱلْأَرْضِ إِلَٰهٌ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨٤﴾
وَتَبَارَكَ ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَعِندَهُۥ
عِلْمُ ٱلسَّاعَةِ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٨٥﴾ وَلَا يَمْلِكُ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن
دُونِهِ ٱلشَّفَٰعَةَ إِلَّا مَن شَهِدَ بِٱلْحَقِّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٨٦﴾

***(ئاللاھ شۇنداق زاتكى) ئۇ ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر① ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر [84]. ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان زات (ئاللاھ)نىڭ بەرىكىتى كۆپتۇر②. قىيامەتنىڭ (بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم پەقەت ئۇنىڭ دەرگاھىدىدۇر③. سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغىلا قايتۇرۇلىسىلەر④ [85]. ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى (ئۇلارغا) شاپائەت قىلالمايدۇ⑤. پەقەت ھەق دىننى بىلىپ، (يەنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دەپ، دىلى بىلەن) ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلار شاپائەت قىلالايدۇ)⑥ [86].***

① ئاسمانلارنىڭ ئىلاھى باشقا، زېمىننىڭ ئىلاھى باشقا ئەمەس. ھەر ئىككىسىنىڭ ياراتقۇچىسى بىردۇر، ئىلاھىمۇ بىردۇر. بۇنىڭ بىلەن مەنىداش يەنە بىر ئايەت بار: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك) ئاللاھ ئەنە شۇدۇر، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىڭلارنى، (ياخشى-يامان) قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾. (سۈرە ئەنئام 3-ئايەت)

② ئەنە شۇنداق ئاسمان-زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ۋە پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئىلكىدە بولغان زاتقا بالىنىڭ نېمە كېرىكى؟

③ ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

④ ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا ھەر ئادەمگە ئۇنىڭ ئەمەلىگە قارىتا، ياخشىلىق بولسا مۇكاپات، يامانلىق بولسا جازا بېرىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بىزنى شاپائەت قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىپ، چوقۇنغان بۇتلىرى ئۇلارغا شاپائەت قىلىشقا ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ.

⑥ بۇ يەردىكى ھەقتىن تەۋھىد كەلىمىسىدىن «لَا اِلَهَ اِلَّا اللهُ» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈن، ئادەتلەنگەن يوسۇندا ئەمەس، بەلكى بىلىپ ۋە چۈشىنىپ تۇرۇپ، گۇۋاھلىق بەرگەنلەر بۇنىڭدىن

مۇستەسنا. دېمەك تىلى بىلەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئوقۇپ گۇۋاھلىق بەرگەنلەر پەقەت بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقلىقىنى بىلگەن بولۇشى ۋە شۇنىڭغا بىنائەن ئەمەل قىلغان بولۇشى شەرتتۇر. ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى پايدا بېرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ھەق بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەنلەرگىلا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ، يەنى پەيغەمبەرلەرگە، سالىھلەرگە، پەرىشتىلەرگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ، مۇشرىكلار شاپائەت قىلىدۇ دەپ چوقۇنغان باتىل مەبۇدلارغا ئەمەس.

وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَهُمْ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۖ فَأَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٨٧﴾ وَقِيلِهِۦ
يَـٰرَبِّ إِنَّ هَـٰٓؤُلَآءِ قَوْمٌ لَّا يُؤْمِنُونَ ﴿٨٨﴾ فَٱصْفَحْ عَنْهُمْ وَقُلْ سَلَـٰمٌ ۚ
فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٨٩﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى كىمنىڭ ياراتقانلىقىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟ [87]. (ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «ئى رەببىم! بۇلار ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمدۇر»① دېگەن (سۆزىنى بىلىپ تۇرىدۇ) [88]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (ئۇلارغا) «سالام» (سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن) دېگىن (يەنى ئۇلارغا بەتدۇئامۇ قىلمىغىن، دىنغا دەۋەتمۇ قىلمىغىن)②، ئۇلار (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) پات يېقىندا بىلىپ قالىدۇ [89].***

① ﴿وَقِيلِهِ﴾دىكى ئالماش «قىيامەتنىڭ (بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم»نى كۆرسىتىدۇ. يەنى قىيامەت ھەققىدىكى بىلىم ۋە پەيغەمبىرىنىڭ شىكايىتى ھەققىدىكى بىلىم ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

② بۇ چىرايلىقچە تەرك ئېتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سالامدۇر. مەسىلەن: ﴿رەھمان ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا

(ياقتۇرمايدىغان) سۆزنى قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴾. (سۈرە فۇرقان 63-ئايەت) ﴿سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز﴾. (سۈرە قەسەس 55-ئايەت) يەنى دىن مەسىلىسىدە مېنىڭ يولۇم باشقا، سىلەرنىڭ يولۇڭلار باشقا. ئەگەر بۇ يولۇڭلاردىن قايتمىساڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىڭلار، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرەي. كىمنىڭ راستچىل ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكى پات يېقىندا مەلۇم بولىدۇ.

# سۈرە دۇخان

| (٤٤) سورة الدخان مكية ٥٩ آية | (44) سۈرە دۇخان مەككىدە چۈشكەن 59 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

حمٓ ﴿١﴾ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿٢﴾ إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةٖ مُّبَٰرَكَةٍۚ

***ھا، مىم [1]. روشەن كىتاب (قۇرئان) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىر مۇبارەك كېچىدە (قەدىر كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق①،***

① «مۇبارەك كېچە» دېگەندە قەدىر كېچىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى﴾. (سۈرە بەقەرە 185-ئايەت). ﴿بىز ئۇنى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق﴾. (سۈرە قەدىر 1-ئايەت) قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئوننىڭ تاق كېچىلىرىنىڭ بىرىدە بولىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 2020-ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك) بۇ ئايەتتە ئۇ كېچە «مۇبارەك كېچە» دەپ ئاتالدى. ئۇ كېچىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىدا ھېچ شەك يوق. چۈنكى، بىرىنچىدىن: ئۇ كېچىدە قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان. ئىككىنچىدىن: ئۇ كېچىدە پەرىشتىلەر ۋە رۇھۇلئەمىن (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) زېمىنغا چۈشىدۇ. ئۈچىنچىدىن: ئۇ كېچىدە پۈتۈن بىر يىل ئىچىدە بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. (بۇنىڭ تەپسىلاتى

تۆۋەندە كېلىدۇ) تۆتىنچىدىن: ئۇ كېچىدە قىلىنغان ئىبادەت مىڭ ئايلىق يەنى 83 يىل ۋە تۆت ئاي ئىبادەت قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. قەدىر كېچىسى ياكى مۇبارەك كېچىدە قۇرئان نازىل قىلىندى دېگەننىڭ مەنىسى شۇ كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى دەسلەپتە شۇ كېچىسى تۇنجى قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان چۈشۈش باشلانغان. ياكى شۇ كېچىسى قۇرئان كەرىم لەۋھۇلمەھپۇزدىن دۇنيا ئاسمىنىدىكى بەيتۇلئىززەتكە توپلام شەكلىدە چۈشۈرۈلگەن. ئاندىن ئۇ يەردىن ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەت بويىچە 23 يىل جەريانىدا پارچە-پارچە شەكلىدە ئايرىم-ئايرىم ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. بەزى كىشىلەر بۇ مۇبارەك كېچىنى شەئبانىنىڭ ئون بەشىنچى كېچىسى دەپ قارىغان، ئەمما بۇ توغرا ئەمەس. قۇرئاننىڭ ئوچۇق ئايىتىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ قەدىر كېچىسى چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئېنىق دەلىل تۇرسا، ئۇنىڭدىن بارات كېچىسى كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قاراش قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟ ئۇنىڭدىن باشقا بارات كېچىسى (شەئبانىنىڭ ئون بەشىنچى كېچىسى) ھەققىدە كەلگەن ھەممە رىۋايەتلەر ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى زەئىپتۇر. بۇ زەئىپ ھەدىسلەر قۇرئان كەرىمدىكى ئوچۇق ئايەتلەردىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ.

إِنَّا كُنَّا مُنذِرِينَ ﴿٣﴾ فِيهَا يُفْرَقُ كُلُّ أَمْرٍ حَكِيمٍ ﴿٤﴾ أَمْرًا مِّنْ
عِندِنَآ إِنَّا كُنَّا مُرْسِلِينَ ﴿٥﴾ رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلْعَلِيمُ ﴿٦﴾ رَبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَآ إِن كُنتُم مُّوقِنِينَ ﴿٧﴾
لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحْيِۦ وَيُمِيتُ رَبُّكُمْ وَرَبُّ ءَابَآئِكُمُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٨﴾

***شەكسىزكى، بىز ھەققەتەن (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىمىز① [2 ـ 3]. بۇ كېچىدە (بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى قاتارلىق) ھەربىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنىدىغان) ئىش ھۆكۈم قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ② [4]. (شۇ كېچە تەقدىر قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بولغان ئەمر ـ پەرماندۇر③، بىز ھەققەتەن (ئىنسانلارغا) پەيغەمبەرلەرنى***

*ئەۋەتىپ تۇرغان ئىدۇق [5]. (بۇ) رەببىڭدىن رەھمەتتۇر④. ئۇ ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [6]. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشەنگۈچى بولساڭلار، (بىلىڭلاركى، ئاللاھ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەببىدۇر [7]. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالالايدۇ، ئۇ سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭمۇ رەببىدۇر⑤ [8].*

① يەنى قۇرئاننى نازىل قىلىشتىن مەقسەت ئىنسانلارغا شەرىئەت ھۆكمىدە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۈستىدە دەلىل ـ پاكىت تۇرغۇزۇشتۇر.

② ﴿يُفۡرَقُ﴾ " يُفْصَلُ وَيُبَيَّنُ " ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بېكىتىلىدۇ، ئايرىلىدۇ، بايان قىلىنىدۇ. بۇ خىزمەت شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەرىشتىلەرگە تاپشۇرۇلىدۇ. ﴿حَكِيمٍ﴾نىڭ مەنىسى ھېكمەتلىك، يەنى ئاللاھنىڭ ھەربىر ئىشى ھېكمەتلىك بولىدۇ، دېمەكتۇر. يەنە بىر مەنىسى «مُحۡكَم " (پۇختا، مەزمۇت، مۇستەھكەم) بولۇپ، ئۆزگەرتىشكە ۋە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدىغان مۇستەھكەم ۋە پۇختا ئىشنى كۆرسىتىدۇ. ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەردىن كەلگەن بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى شۇكى، مۇشۇ كېچىدە كېلەر يىل ئىچىدىكى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى بەلگىلىنىپ، لەۋھۇلمەھپۇزدىن چۈشۈرۈلىدۇ ۋە پۈتۈكچى پەرىشتىلەرگە تاپشۇرۇلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ يەنى ھەممە ئىش بىزنىڭ ئەمرىمىز ۋە ئىزنىمىز بىلەن، بىز تەقدىر قىلغان ۋە خالىغان تەرىقىدە بولىدۇ.

④ يەنى كىتابلارنى چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشمۇ بىزنىڭ مەرھەمەتىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇ پەيغەمبەرلەر بىز چۈشۈرگەن كىتابلارنى ئىنسانلارغا ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ ۋە بىزنىڭ ئەمرىمىزنى ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ. شۇ تەرىقىدە بىز ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى تەمىنلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن روھانىي ئېھتىياجلىرىنىمۇ قاندۇرىدىغان نەرسىلەرنىمۇ ھازىرلاپ بەردۇق.

⑤ بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ سۈرە ئەئرافتىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ﴾. (سۈرە ئەئراف 158ـ ئايەت)

بَلْ هُمْ فِي شَكٍّ يَلْعَبُونَ ﴿٩﴾ فَٱرْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي ٱلسَّمَآءُ بِدُخَانٍ
مُّبِينٍ ﴿١٠﴾ يَغْشَى ٱلنَّاسَ هَٰذَا عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١١﴾ رَّبَّنَا ٱكْشِفْ عَنَّا
ٱلْعَذَابَ إِنَّا مُؤْمِنُونَ ﴿١٢﴾ أَنَّىٰ لَهُمُ ٱلذِّكْرَىٰ وَقَدْ جَآءَهُمْ رَسُولٌ
مُّبِينٌ ﴿١٣﴾ ثُمَّ تَوَلَّوْا۟ عَنْهُ وَقَالُوا۟ مُعَلَّمٌ مَّجْنُونٌ ﴿١٤﴾

***(مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ رەب ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ)، بەلكى ئۇلار شەك ئىچىدە (ھەقنى مەسخىرە قىلىپ) ئويناپ يۈرىدۇ① [9]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى ئېلىپ كېلىدىغان كۈننى (يەنى ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن② [10]. (ئۇ تۈتۈن) ئىنسانلارنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر [11]. (ئۇلار) «ئى رەببىمىز! بىزدىن بۇ ئازابنى كۆتۈرىۋەتكىن، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز» (دەيدۇ)③ [12]. ھالبۇكى، ئۇلارغا (ھەقىقەتنى) ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگۈچى پەيغەمبەر كەلگەندىن كېيىن (ئىمان ئېيتمىغان)، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، (ئۇنى): «(قۇرئاننى باشقىلاردىن) ئۆگەنگەن، مەجنۇن ئادەم» دېگەن تۇرسا، (ئازاب كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە) ئۇلار قانداقمۇ ئىبرەت ئالسۇن؟ [14 ـ 13].***

① يەنى ھەق ئۇلارغا دەلىللىرى بىلەن كەلدى. ئەمما، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، شەككە مۇپتىلا بولدى. ئۇلار شەك ئىچىدە ھەقنى مەسخىرە قىلىپ ئوينايدىغان بولۇپ قالدى.

② بۇ ئايەت كاپىرلار ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىتتۇر: ئى

پەيغەمبەر! سەن ئاسماندا تۈتۈن كۆرۈندىغان كۈننى كۈتكىن. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ئەھلىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلماستىن، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشىدىن قاتتىق بىئارام بولۇپ، ئۇلارغا بەددۇئا قىلىپ، قەھەتچىلىك تىلىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق يەتتى، ئۇلار ئاچلىقتىن تېرە، سۆڭەك، ھەتتا تاپىنمۇ يېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئاجىزلىق ۋە ئاچلىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئاسمانغا قارىسا كۆزلىرىگە تۈتۈنلا كۆرۈنەتتى. ئاخىرى ئۇلار ئاچارچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئازاب كۆتۈرۈۋېتىلسە، ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ۋەدە بەردى. ئەمما، قەھەتچىلىك كۆتۈرۈلۈپ، مەمۇرچىلىق بولغاندىن كېيىنلا، ئۇلار ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىگە يېنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەدرى غازىتىدا قاتتىق تۇتۇلدى يەنى ئېغىر جازالاندى. (سەھىھۇل بۇخارى 4822-ھەدىس) بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئون چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئاسماننىڭ تۈتۈندەك كۆرۈنۈشى يەنى ئاسماننى قويۇق تۈتۈن قاپلاپ كېتىشىدۇر. بۇنىڭدىن كاپىرلار كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ، مۇئمىنلەر ناھايىتى ئاز زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان تۈتۈن-مەزكۇر ئالامەت، بۇ تەپسىرگە ئاساسەن، قىيامەت يېقىنلاشقاندا كۆرۈلىدۇ. ئەمما، ئىلگىرىكى تەپسىرگە ئاساسەن بۇ ئالامەت كۆرۈلۈپ بولغان بولىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: ھەر ئىككى قاراش ئۆز ئورنىدا توغرا. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ئېتىبارى بىلەن مەزكۇر ئالامەت كۆرۈلۈپ بولدى. بۇ سەھىھ ھەدىس بىلەن ئىسپاتلاندى. مەزكۇر ئالامەت سەھىھ ھەدىسلەردە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قاتارىدىمۇ تىلغا ئېلىندى. شۇ ۋەجىدىن بۇ ئۇنىڭغا زىت ئەمەس، ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا كۆرۈلىدۇ.

③ يۇقىرىدىكى تەپسىردىكى بىرىنچى قاراشقا ئاساسەن بۇ سۆزنى ئۆز ۋاقتىدا مەككە كاپىرلىرى ئېيتقان بولىدۇ، ئىككىنچى قاراشقا ئاساسەن بۇ سۆزنى كاپىرلار قىيامەت يېقىنلاشقاندا ئېيتىدۇ.

إِنَّا كَاشِفُواْ ٱلْعَذَابِ قَلِيلًاۚ إِنَّكُمْ عَآئِدُونَ ١٥ يَوْمَ نَبْطِشُ
ٱلْبَطْشَةَ ٱلْكُبْرَىٰٓ إِنَّا مُنتَقِمُونَ ١٦ ۞ وَلَقَدْ فَتَنَّا قَبْلَهُمْ قَوْمَ

فِرْعَوْنَ وَجَآءَهُمْ رَسُولٌ كَرِيمٌ ﴿١٧﴾ أَنْ أَدُّوٓاْ إِلَيَّ عِبَادَ ٱللَّهِۖ إِنِّي لَكُمْ
رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٨﴾ وَأَن لَّا تَعْلُواْ عَلَى ٱللَّهِۖ إِنِّيٓ ءَاتِيكُم بِسُلْطَٰنٍ
مُّبِينٍ ﴿١٩﴾ وَإِنِّي عُذْتُ بِرَبِّي وَرَبِّكُمْ أَن تَرْجُمُونِ ﴿٢٠﴾ وَإِن لَّمْ تُؤْمِنُواْ
لِي فَٱعْتَزِلُونِ ﴿٢١﴾

***بىز ئەلۋەتتە ئازابنى (سىلەردىن) ئازغىنە ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز، (ئاندىن) سىلەر چوقۇم (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر [15]. بىز (شىددەت بىلەن) قاتتىق تۇتىدىغان① كۈندە ئۇلاردىن چوقۇم ئىنتىقام ئالغۇچىمىز (يەنى جازالايمىز) [16]. بىز ئۇلاردىن (يەنى مۇشرىكلاردىن) ئىلگىرى پىرئەۋننىڭ قەۋمىنى ھەقىقەتەن سىنىغان ئىدۇق②، ئۇلارغا بىر ئېسىل پەيغەمبەر (مۇسا) كەلگەن ئىدى [17]. (مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى) «ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار③، چۈنكى مەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن④ [18]. ئاللاھقا تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار⑤. چۈنكى مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق مۆجىزە بىلەن كەلدىم⑥ [19]. مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلارغا سېغىنىپ، سىلەرنىڭ مېنى چالما ـ كېسەك (قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلار)دىن پاناھ تىلەيمەن⑦ [20]. ئەگەر ماڭا ئىمان ئېيتمىساڭلار، مېنى (ئۆز ھالىمغا) قويۇۋېتىڭلار»⑧ [21].***

① بۇنىڭدىن بەدرى غازىتى بولغان كۈندىكى قاتتىق تۇتۇش ۋە جازالاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدا كاپىرلاردىن يەتمىش كىشى ئۆلتۈرۈلگەن، يەتمىش كىشى ئەسىر ئېلىنغان ئىدى. ئىككىنچى تەپسىرگە ئاساسەن بۇ قاتتىق تۇتۇش قىيامەت كۈنى بولىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قاتتىق تۇتۇش بەدرى غازىتىدىكى خاس تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى تېما قۇرەيشلەر ھەققىدە سۆزلىنىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق تۇتىدۇ، بۇ قاتتىق تۇتۇش ئومۇمىي بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان ھەرقانداق كىشىنى ئۆز ئىچىگە

ئالدۇ.

② «سىنىغان ئىدۇق» يەنى بىز ئۇلارغا پاراۋانلىق، خۇشاللىق ۋە راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش ئاتا قىلغان، يەنە بىزنىڭ ئىبسىل پەيغەمبىرىمىزنىمۇ ئۇلارغا ئەۋەتكەن ئىدۇق، لېكىن ئۇلار رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئادا قىلمىدى، پەيغەمبەرگىمۇ ئىمان ئېيتمىدى.

③ ﴿عِبَادَ اللّٰهِ﴾ بۇ يەردىكى «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى» دېگەندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىسرائىل ئەۋلادى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، پىرئەۋن ئۇلارنى قۇل قىلىپ ئىشلىتەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئۆز قەۋمىنى ئازات قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

④ مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتە ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.

⑤ يەنى ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىش بىلەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار، ئاللاھقا چوڭچىلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

⑥ بۇ جۈملە ئالدىنقى جۈملىدىكى ئىبارىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ كەلگەن. يەنى مەن سىلەرگە شۇنداق روشەن مۆجىزە ۋە كەسكىن دەلىل - پاكىتلارنى ئېلىپ كەلدىمكى، ئۇلارنى ئىنكار قىلىشقا ھېچ ئورۇن يوقتۇر.

⑦ مۇشۇنداق دەۋەتكە پىرئەۋننىڭ بەرگەن جاۋابى ئۆلتۈرۈش تەھدىتى بولدى. شۇ ۋەجىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالام رەببىگە سىغىنىپ پاناھلىق تىلىدى.

⑧ يەنى ئەگەر ماڭا ئىمان ئېيتمىساڭلار، بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارى، ئەمما مېنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنماڭلار.

فَدَعَا رَبَّهُۥٓ أَنَّ هَٰٓؤُلَآءِ قَوۡمٞ مُّجۡرِمُونَ ﴿٢٢﴾ فَأَسۡرِ بِعِبَادِي لَيۡلًا
إِنَّكُم مُّتَّبَعُونَ ﴿٢٣﴾ وَٱتۡرُكِ ٱلۡبَحۡرَ رَهۡوًاۖ إِنَّهُمۡ جُندٞ مُّغۡرَقُونَ ﴿٢٤﴾
كَمۡ تَرَكُواْ مِن جَنَّٰتٖ وَعُيُونٖ ﴿٢٥﴾ وَزُرُوعٖ وَمَقَامٖ كَرِيمٖ ﴿٢٦﴾

وَنَعۡمَةٖ كَانُواْ فِيهَا فَٰكِهِينَ ﴿٢٧﴾ كَذَٰلِكَۖ وَأَوۡرَثۡنَٰهَا قَوۡمًا ءَاخَرِينَ ﴿٢٨﴾
فَمَا بَكَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلسَّمَآءُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَا كَانُواْ مُنظَرِينَ ﴿٢٩﴾

***مۇسا: «بۇلار ھەقىقەتەن گۇناھكار قەۋمدۇر» دەپ رەببىگە ئىلتىجا قىلدى① [22]. (ئاللاھ ئېيتتى) «مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، چۈنكى قوغلىغۇچىلار ئارقاڭلارغا چۈشىدۇ② [23]. دېڭىزنى تىپتىنچ (يەنى سەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن سۇيى يېرىلغان پېتى، قۇرۇق ھالىتى بويىچە) قويغىن③. چۈنكى ئۇلار غەرق قىلىنىدىغان قوشۇندۇر» [24]. ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن④ باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى، ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى [27]. ئىش ئەنە شۇنداق بولدى⑤، ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەنلىرىگە باشقىلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ۋارىس قىلدۇق⑥ [28]. ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى⑦، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى [29].***

① يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا شۇنچە دەۋەت قىلسىمۇ، قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا، كۇفرىلىق ۋە ھەق بىلەن قارشىلىشىشتا تېخىمۇ چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، رەببىگە دۇئا قىلدى.

② نەتىجىدە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئەمر قىلدىكى، ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئېلىپ، مىسىردىن چىقىپ كەتكىن. ئالدىڭلارغا قاراپ مېڭىڭلار، ئىككىلەنمەڭلار. ئۇلار سىلەرنى قوغلاپ چىقىدۇ.

③ ﴿رَهۡوًا﴾ مەنىسى تىپتىنچ ياكى قۇرۇق. دېمەك سەن ھاساڭنى دېڭىزغا ئۇرۇشۇڭ بىلەن ئۇنىڭدا مۆجىزە يۈز بېرىدۇ يەنى تىپتىنچ ياكى قۇرۇق يول ھاسىل بولىدۇ، سەن دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قۇرۇق ھالىتى بويىچە قويغىن، پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ كېلىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بۇ يولغا كىرگەندە، بىز ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى بايان قىلىنىپ بولدى.

④ ﴿كَمْ﴾ بۇ يەردە كۆپلۈكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن. نىل دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە نۇرغۇن باغلار، زىرائەتلەر بار ئىدى، ئۇ يەردىكى ئاجايىپ گۈزەل تۇرالغۇ جايلار ئۇلارنىڭ نەقەدەر باياشات تۇرمۇشتا ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىلىرى ئىدى. ھەممىسى بۇ دۇنيادىلا قېلىپ قالدى. پەقەت ئىبرەت ئۈچۈن پىرئەۋن ۋە قەۋمىنىڭ نامىلا قالدى.

⑤ يەنى ئىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولدى.

⑥ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ۋارىس بولغانلاردىن ئىسرائىل ئەۋلادى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قايتا مىسىرغا كىرگەنلىكى تارىخي نۇقتىدىن ئىسپاتلانمىغان، شۇڭا مىسىر زېمىنىغا ئىسرائىل ئەۋلادى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر قەۋم ۋارىس بولغان.

⑦ يەنى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ئاسمان دەرۋازىلىرىغا ئۆرلىگىدەك ياخشى ئەمەللىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاسمان ئۇلارنى يوقىتىپ قويغانلىقىغا يىغلىمىدى. ئۇلارنىڭ زېمىندا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغان بىرەر پارچە يېرىمۇ بولمىغانلىقتىن، زېمىنمۇ ئۇلارنى يوقۇتۇپ قويغىنىغا يىغلىمىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھالاك بولغانلىقىغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى. (فەتھۇلقەدىر)

وَلَقَدْ نَجَّيْنَا بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مِنَ ٱلْعَذَابِ ٱلْمُهِينِ ﴿٣٠﴾ مِن فِرْعَوْنَۚ
إِنَّهُۥ كَانَ عَالِيًا مِّنَ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٣١﴾ وَلَقَدِ ٱخْتَرْنَٰهُمْ عَلَىٰ عِلْمٍ عَلَى
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٢﴾ وَءَاتَيْنَٰهُم مِّنَ ٱلْءَايَٰتِ مَا فِيهِ بَلَٰٓؤٌا۟ مُّبِينٌ ﴿٣٣﴾ إِنَّ
هَٰٓؤُلَآءِ لَيَقُولُونَ ﴿٣٤﴾ إِنْ هِيَ إِلَّا مَوْتَتُنَا ٱلْأُولَىٰ وَمَا نَحْنُ بِمُنشَرِينَ ﴿٣٥﴾

***شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى خار قىلغۇچى ئازابتىن — پىرئەۋن (ئازابى)دىن قۇتقۇزدۇق. چۈنكى پىرئەۋن مۇتەكەببىر ئىدى، ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى [31 ـ 30]. شەكسىزكى، بىز (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرۇپ (ئۇز زامانىسىدىكى) جاھان ئەھلىدىن (ئارتۇق قىلىپ) تاللىدۇق①***

***[32]. ئۇلارغا (يەنى تەپەككۇر قىلغۇچىلارغا) روشەن سىناقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق② [33]. بۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى) چوقۇم ئېيتىدۇ:③ [34] «بىز پەقەت بىرلا قېتىم ئۆلىمىز، تىرىلمەيمىز④.***

① بۇ يەردىكى «جاھان ئەھلى» دېگەندىن بەنى ئىسرائىل زامانىدىكى جاھان ئەھلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇتلەق ھەممە جاھان ئەھلى ئەمەس. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە «ئەڭ ياخشى ئۈممەت» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى. دېمەك، ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆز زامانىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا پەزىلەتتە ئارتۇق بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق پەزىلەتكە لايىق بولغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

② بۇ يەردىكى ﴿الْاٰيٰتِ﴾ دېگەندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ مۆجىزىلەر ئۇلارنىڭ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈش ۋە سىناش ئۈچۈن بېرىلگەن ئىدى ياكى بۇ ﴿الْاٰيٰتِ﴾ دېگەندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننى لەشكەرلىرى بىلەن ھالاك قىلىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەنلىكى، دېڭىزدىن قۇرۇق يول چىقىرىپ بەرگەنلىكى، بۇلۇت بىلەن سايە قىلىپ بەرگەنلىكى، تەرەنجۇبىل بىلەن بۆدۈنىنى يېمەكلىك قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكى قاتارلىق نېمەتلەر. مەزكۇر نېمەتلەرنىڭ بەدىلىگە بۇ قەۋم ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىنى تاللامدۇ؟ ياكى تۇزكورلۇق قىلىپ، بويۇنتاۋلۇق قىلامدۇ؟ بۇنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا مەزكۇر نېمەتلەر بېرىلگەن ئىدى.

③ بۇ يەردە مەككە كاپىرلىرىغا ئىشارەت قىلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى، باشتىنلا تېما ئۇلار ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ. ئارىلىقتا پىرئەۋننىڭ قىسسىسى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن قىستۇرۇلدى. پىرئەۋنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ئىدى. دېمەك، بۇلار پىرئەۋن ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىسۇن. ئەگەر ئۇلار يەنىلا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ.

④ يەنى ئۇلار: ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا بار، ئۆلگەندىن كېيىن

تىرىلىش ۋە ھېساب بېرىش يوق، دەيدۇ.

فَأْتُوا۟ بِـَٔابَآئِنَآ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿٣٦﴾ أَهُمْ خَيْرٌ أَمْ قَوْمُ تُبَّعٍ وَٱلَّذِينَ
مِن قَبْلِهِمْ أَهْلَكْنَـٰهُمْ ۖ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ مُجْرِمِينَ ﴿٣٧﴾ وَمَا خَلَقْنَا
ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَـٰعِبِينَ ﴿٣٨﴾ مَا خَلَقْنَـٰهُمَآ إِلَّا بِٱلْحَقِّ
وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّ يَوْمَ ٱلْفَصْلِ مِيقَـٰتُهُمْ
أَجْمَعِينَ ﴿٤٠﴾

*ئەگەر (ئاخىرەتتە تىرىلىمىز دېگەن) سۆزۈڭلار راست بولىدىغان بولسا، سىلەر بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى (تىرىلدۈرۈپ) ئەكېلىپ بېقىڭلار»① [36 ـ 35]. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۈچلۈكمۇ؟ ياكى تۇببە قەۋمىمۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلدۇق. چۈنكى ئۇلار گۇناھكارلار ئىدى② [37]. ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ (يەنى بىكاردىن ـ بىكار) ياراتقىنىمىز يوق③ [38]. ئۇلارنى بىز پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق④. ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ⑤ [39]. شەكسىزكى، (ھەق بىلەن باتىلنى) ئايرىيدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) توپلاشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتۇر⑥ [40].*

① بۇ خىتاب كاپىرلار تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارغا دېيىلىۋاتىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ تىرىلىشكە بولغان ئېتىقادىڭلار راستتىنلا توغرا بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى تىرىلدۈرۈپ كۆرسىتىپ بېقىڭلار. بۇ ئۇلارنىڭ جېدەل ۋە دەتالاش قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ئورۇنسىز دەلىلى ئىدى. چۈنكى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ئېتىقادى پەقەت قىيامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. قىيامەتتىن بۇرۇن پانىي دۇنيادا تىرىلىش ياكى تىرىلدۈرۈش بولمايدۇ.

② يەنى بۇ مەككە كاپىرلىرى تۇببە قەۋمىدىن ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرى

ئۆتكەن ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىدىنمۇ كۈچلۈكمۇ؟ ئۇ قەۋملەر بۇلاردىن كۈچ-قۇۋۋەتتە ئارتۇق بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق. ئۇلارغا قارىغاندا مەككە كاپىرلىرى قانچىلىك ئىدى؟ تۇببە سەبەئ قەۋمىنى كۆرسىتىدۇ. سەبەئ دېگەن يۇرتتا ھۆمەير قەبىلىسى ياشايتتى، ئۇلارغا كىم پادىشاھ بولسا، ئۇلار ئۇنى «تۇببە» دەپ ئاتايتتى. بۇ خۇددى پارسلارغا پادىشاھ بولغان كىشىنى كىسرا، رۇملۇقلارغا پادىشاھ بولغان كىشىنى قەيسەر، مىسىرغا پادىشاھ بولغان كاپىرنى پىرئەۋن، ھەبەشىستانغا پادىشاھ بولغان كىشىنى نەجاشى دەپ ئاتاپ كەلگەنگە ئوخشايدۇ. تارىخچىلارنىڭ بىردەك قارىشىچە، تۇببە پادىشاھلىرى يەمەندىن چىقىپ، يۇرتلارنى ئىشغال قىلىپ يۈرۈپ تاكى سەمەرقەنتكىچە يېتىپ بارغان، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقى كۈچىيىپ، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى كېڭەيگەن ۋە قوشۇنلىرى زورايغان. ئۇلار شۇ دەۋردىكى ئەڭ كۈچلۈك، شان-شەۋكەتلىك، باياشات قەۋم بولغان ئىدى. لېكىن، بۇ قەۋممۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندى. بۇ ۋەقە سۈرە سەبەئنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى. تۇببە قەۋمى ھەققىدە ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: تۇببەنى تىللىماڭلار، ئۇلار مۇسۇلمان بولغان ئىدى. (مەجمەئ زەۋائىد 8-توم، 76-بەت، 13029-ھەدىس، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى «ئەلبانى» 1223-ھەدىس) شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىتائەتتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ھالاكەتكە دۇچار بولغان.

③ ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى ھالىغا ۋاي!﴾ (سۈرە ساد 27-ئايەت)، يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەر بىزنى، ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى ۋە ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايمىز، دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟﴾ (سۈرە مۆئمىنۇن 115-ئايەت). يەنە سۈرە ھىجىر 85-ئايەتتىمۇ ئوخشاش مەزمۇن بايان قىلىنغان.

④ يەنى يارىتىشتىكى مەقسەت ۋە ھېكمەت شۇكى، ئىنسانلارنى سىناپ، ياخشىلارغا ياخشىلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىشتۇر.

⑤ يەنى ئۇلار بۇ مەقسەتنى بىلمەستىن، غەپلەتتە يۈرۈيدۇ. شۇ

ۋەجىدىن ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىدىن بىپەرۋا بولۇپ، دۇنياغا چۆمۈپ كەتكەن.

⑥ مانا بۇ ھېساب ئېلىش ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى ئەسلىي مەقسەتتۇر، ئاسمان ۋە زېمىننىمۇ شۇ مەقسەتتە يارىتىلغاندۇر.

يَوۡمَ لَا يُغۡنِي مَوۡلًى عَن مَّوۡلٗى شَيۡـٔٗا وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٤١﴾ إِلَّا مَن
رَّحِمَ ٱللَّهُۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٤٢﴾ إِنَّ شَجَرَتَ ٱلزَّقُّومِ ﴿٤٣﴾ طَعَامُ
ٱلۡأَثِيمِ ﴿٤٤﴾ كَٱلۡمُهۡلِ يَغۡلِي فِي ٱلۡبُطُونِ ﴿٤٥﴾ كَغَلۡيِ ٱلۡحَمِيمِ ﴿٤٦﴾ خُذُوهُ
فَٱعۡتِلُوهُ إِلَىٰ سَوَآءِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٤٧﴾ ثُمَّ صُبُّواْ فَوۡقَ رَأۡسِهِۦ مِنۡ عَذَابِ
ٱلۡحَمِيمِ ﴿٤٨﴾ ذُقۡ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡكَرِيمُ ﴿٤٩﴾ إِنَّ هَٰذَا مَا كُنتُم
بِهِۦ تَمۡتَرُونَ ﴿٥٠﴾ إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٖ ﴿٥١﴾ فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٖ ﴿٥٢﴾
يَلۡبَسُونَ مِن سُندُسٖ وَإِسۡتَبۡرَقٖ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٥٣﴾

***ئۇ كۈندە دوست دوستقا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلار ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ① [41]. پەقەت ئاللاھ رەھمەت قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەممىدىن) غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [42]. زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن (ئېغىر گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر [44 ـ 43]. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك② (قىزىق)تۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناق سۇ قايىنىغاندەك قايناydu③ [46 ـ 45]. (دوزاختىكى مەسئۇل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار④، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» (دېيىلىدۇ) [48 ـ 47]. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك بىرى ئىدىڭ⑤ [49]. شەكسىزكى، بۇ (دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن ئازابتۇر» دېيىلىدۇ [50]. تەقۋادارلار ئەلۋەتتە بىخەتەر جايدا بولىدۇ [51]. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ [52]. ئۇلار قىلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ⑥ [53].***

① ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر-بىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) سورىشالمايدۇ﴾. (سۈرە مۇئمىنۇن 101-ئايەت) ﴿ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ﴾. (سۈرە مەئارىج 10- ئايەت).

② ﴿مُهْلِ﴾ ئېرىتىلگەن مىس، مەدەن، ئوتتا ئېرىتىلگەن نەرسە ياكى لايغا ئوخشاش قازاندا قېپ قالغان ياغنىڭ دۇغى دېگەن مەنىدە.

③ زەققۇم دەرىخىدىن يېگەن تامىقى ئۇلارنىڭ قورساقلىرىدا قايناق سۇغا ئوخشاش قاينايدۇ.

④ دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە شۇنداق بۇيرۇق بېرىلىدۇ. ﴿سَوَآءِ﴾ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ يەنى دۇنيادا ئۆزۈڭچە كۆرەڭلەپ، ئۆزۈڭنى ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر زات قىلىپ كۆرسىتەتتىڭ، مۇئمىنلەرگە كەمسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايتتىڭ.

⑥ يۇقىرىدا كاپىرلار ۋە پاسىقلارنىڭ ئاقىۋىتى تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن، ئەمدى مۇئمىنلەر ۋە تەقۋادارلارنىڭ يۇقىرى ماقامى ۋە مەرتىۋىسى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇ مۇئمىنلەر ئۆزلىرىنى كۇفرىلىق، پاسىقلىق ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلاپ ياشىغان ئىدى. ﴿مَقَامٍ اَمِيْنٍ﴾ ھەر قانداق قايغۇ - ھەسرەتتىن، غەم-ئەندىشىدىن، قورقۇنچتىن ئەمىن تاپىدىغان جاي دېمەكتۇر.

كَذَٰلِكَ وَزَوَّجۡنَٰهُم بِحُورٍ عِينٖ ﴿٥٤﴾ يَدۡعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَٰكِهَةٍ
ءَامِنِينَ ﴿٥٥﴾ لَا يَذُوقُونَ فِيهَا ٱلۡمَوۡتَ إِلَّا ٱلۡمَوۡتَةَ ٱلۡأُولَىٰۖ وَوَقَىٰهُمۡ
عَذَابَ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٥٦﴾ فَضۡلٗا مِّن رَّبِّكَۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٥٧﴾
فَإِنَّمَا يَسَّرۡنَٰهُ بِلِسَانِكَ لَعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٥٨﴾ فَٱرۡتَقِبۡ إِنَّهُم
مُّرۡتَقِبُونَ ﴿٥٩﴾

***(ئۇلارنى تولۇق ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىززەتلەيمىز①، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز② [54]. ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئېغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن خاتىرجەم) ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن كۆڭلى تارتقان) ھەر خىل مېۋىلەرنى ئەكەلدۈرۈپ تۇرىدۇ③ [55]. ئۇلار جەننەتتە تۇنجى ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ④، ئاللاھ ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغاندۇر [56]. (بۇلار) رەببىڭ تەرىپىدىن (بېرىلگەن) مەرھەمەتتۇر⑤، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر [57]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭدا (نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ لەۋزىنى ۋە مەنىسىنى) قولايلاشتۇرۇپ بەردۇق [58]. سەن (ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتكىن، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە (سېنىڭ ھالاك بولۇشۇڭنى) كۈتۈپ تۇرغۇچىلاردۇر⑥ [59].***

① يەنى تەقۋادارلارغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

② ﴿حُورٍ﴾ " حَوْرَاءُ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ،" حُورٌ " دېگەن سۆزدىن تۇرلىنىپ چىققان، كۆزنىڭ ئېقى ئاپئاق، قارىسى قاپقارا دېگەن مەنىدە. ھۆرلەرنىڭ " حَوْرَاءُ " «شەھلا كۆزلۈك» دەپ ئاتىلىشتىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرگەن كۆزلەر ھەيرانلىقتىن قاراپلا قالىدۇ. ﴿عِينٍ﴾ "عَيْنَاءُ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، يوغان كۆزلۈك دېگەن مەنىدە. خۇددى كېيىكنىڭ كۆزىدەك. ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك، جەننەتكە كىرگەن ھەربىر كىشىگە ئاز دېگەندە ئىككىدىن ھۆر بېرىلىدۇ. ئۇلار ھۆسن-جامالدا كۈن بىلەن ئايدەك بولىدۇ. ئەمما تىرمىزىنىڭ سەھىھ دەپ قارالغان ھەدىسلىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، پەقەت شېھىتكىلا 72 ھۆر بېرىلىدۇ. (سۈنەنى تىرمىزى 1663-ھەدىس)

③ ﴿اٰمِنِينَ﴾ «ئەمىن بولغان ھالدا» يەنى ئۇلاردا نېمەتلەرنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش بولمايدۇ. ئۇلار يېگەن نازۇ-نېمەتلەرنىڭ زىيان قىلىشىدىن ۋە كېسەل بولۇپ قىلىشتىن ئەندىشە قىلمايدۇ. ئۆلۈمدىن، ھېرىپ-چارچاشتىن ۋە شەيتاندىن قورقۇش بولمايدۇ.

④ يەنى ئۇلار ئىلگىرى دۇنيادا تېتىغان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى ئەمدى مەڭگۈ تېتىمايدۇ، ئاخىرەتتە ئۆلۈش بولمايدۇ. ھەدىستە پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆلۈم بىر قوچقار سۈرىتىگە كىرگۈزۈلۈپ، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىدا بوغۇزلىنىدۇ، ئاندىن ئى جەننەت ئەھلى! مەڭگۈ هايات قېلىسىلەر، ئەمدى ئۆلۈش يوقتۇر، ئى دوزاخ ئەھلى! مەڭگۈ هايات قېلىسىلەر، ئەمدى ئۆلۈش يوقتۇر، دېيىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4730-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2849-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلىگە: سىلەر داۋاملىق ساغلام تۇرىسىلەر، ھەرگىز كېسەل بولۇپ قالمايسىلەر. سىلەر مەڭگۈ ياشايسىلەر. ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر، سىلەر مەڭگۈ نازۇ - نېمەتتىن بەھرىمەن بولىسىلەر. ھەرگىز جاپا چەكمەيسىلەر، سىلەر ياشلىق ھالىتىڭلاردا تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر، دېيىلىدۇ» (سەھىھۇل بۇخارى 6548-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2837-ھەدىس)

⑤ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار، توغرا يولغا مېڭىڭلار، توغرا سۆزلەڭلار ۋە ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇڭلار. بىلىڭلاركى، بىرەر ئادەم ئۆز ئەمەلى بىلەن ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ ئۆز ئەمەلىڭ بىلەن جەننەتكە كىرەلمەمسەن؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەنمۇ كىرەلمەيمەن، پەقەت ئاللاھ تائالا مېنى ئۆز مەرھەمىتى ۋە پەزلى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 6463-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2818-ھەدىس)

⑥ ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارغا چۈشىدىغان ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۈتكىن. ئۇلار ئىسلام غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىڭنى كۈتىدۇ.

# سۈرە جاسىيە

| (٤٥) سورة الجاثية مكية ٣٧ آية | (45) سۈرە جاسىيە مەككىدە چۈشكەن 37 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

حمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلُ ٱلْكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَكِيمِ ﴿٢﴾ إِنَّ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ لَءَايَٰتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٣﴾ وَفِى خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَآبَّةٍ
ءَايَٰتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾ وَٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ
مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ
ٱلرِّيَٰحِ ءَايَٰتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿٥﴾

***ھا، مىيم [1]. (بۇ) كىتاب غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [2]. شەكسىزكى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۇئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [3]. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللاھ زېمىندا) تارقىتىدىغان جانلىقلاردا (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار [4]. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ ئاسماندىن (ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان) يامغۇرنى ياغدۇرۇپ (قۇرغاقچىلىقتىن) ئۆلگەن زېمىننى ئۇنىڭ بىلەن تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ***

***تۇرۇشىدا①، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار② [5].***

① يەنى شامالنىڭ يۆنىلىشى بەزىدە جەنۇبقا ۋە شىمالغا، بەزىدە غەربكە ۋە شەرققە بولىدۇ. شامال بەزىدە قۇرۇقلۇققا، بەزىدە دېڭىزغا يۆزلىنىدۇ. ئۇ بەزىدە كېچىلىك ۋە كۈندۈزلۈك شامالغا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شاماللارنىڭ بەزىسى بۇلۇتنى قوزغاپ ئۇچۇرتۇپ قۇرغاق زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن چىقىدۇ، بەزىسى گۈل - چېچەكلەرنى چاڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىدۇ. بەزىسى ھاۋانى ساپلاشتۇرۇپ، جانلىقلارنى تىنجىقتىن سالقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىدۇ. بەزىسى ھېچقانداق مەنپەئەتسىز شامال بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ. بەزىسى قۇم-توپىلارنى ئۇچۇرۇپ، ئۇپۇقنى توپا-چاڭلارغا تولدۇرىدۇ. ھەر خىل تۈردىكى بۇ تۈرلۈك شاماللارمۇ كائىناتنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بىر زاتنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. پۈتۈن ھوقۇق ۋە ئىختىيار پەقەتلا شۇ بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، بۇنىڭدا ھېچكىم ئۇنىڭغا شېرىك ئەمەس. ئۇ كائىناتنى ئۆزى يالغۇز باشقۇرغۇچى ۋە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمدە ئازراقمۇ تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى يوقتۇر. بۇ مەزمۇن سۈرە بەقەرە 164-ئايەتتىمۇ بايان قىلىندى.

② ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، ئىنسانلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئۆلۈك (قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈرۈشتە، ئۇپۇقتا ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىدە ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە بىرلىك - بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىل ۋە بەلگىلەر بار.

تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِٱلْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍۭ بَعْدَ ٱللَّهِ
وَءَايَٰتِهِۦ يُؤْمِنُونَ ﴿٦﴾ وَيْلٌ لِّكُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ ﴿٧﴾ يَسْمَعُ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ
تُتْلَىٰ عَلَيْهِ ثُمَّ يُصِرُّ مُسْتَكْبِرًا كَأَن لَّمْ يَسْمَعْهَا فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ
أَلِيمٍ ﴿٨﴾ وَإِذَا عَلِمَ مِنْ ءَايَٰتِنَا شَيْـًٔا ٱتَّخَذَهَا هُزُوًا أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ
عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿٩﴾ مِّن وَرَآئِهِمْ جَهَنَّمُ

*(ئى پەيغەمبەر!) ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا ھەقىقەتنى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. ئۇلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىن كېيىن قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟① [6]. ھەربىر يالغانچى گۇناھكارنىڭ ھالىغا ۋاي!② [7]. ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئاندىن تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا گويا ئۇنى ھېچ ئاڭلىمىغاندەك (كۇفرىدا) چىڭ تۇرىدۇ (گۇمراھلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ)③. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن «خۇش خەۋەر» بەرگىن [8]. ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن بىرەر نەرسىنى بىلگەن چاغدا (يەنى ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى يەتكەن چاغدا)، ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان نەرسە قىلىۋالىدۇ④. ئەنە شۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار [9]. ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى كۈتۈۋاتقان) جەھەننەم تۇرىدۇ⑤.*

① يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاندا ئۇنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ۋە پاكىتلار بار. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ئىمان ئېيتمىسا، ئاللاھنىڭ سۆزىدىن كېيىن يەنە كىمنىڭ سۆزىگە ئىمان ئېيتىدۇ؟ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن كېيىن يەنە قايسى ئايەتلەرگە ۋە قايسى دەلىل-پاكىتلارغا ئىمان ئېيتىدۇ؟ ﴿بَعْدَ اللّٰهِ﴾نىڭ مەنىسى "بَعْدَ حَدِيْثِ اللهِ وَآيَاتِهِ" «ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە ئايەتلىرىدىن كېيىن» بۇ يەردە ئاللاھنىڭ سۆزى قۇرئان " حَدِيْثِ " ھەدىس دەپ ئاتالدى. سۈرە زۇمەردە ئاتالغاندەك: ﴿اللّٰهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيْثِ﴾ ﴿ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى﴾. (سۈرە زۇمەر 23-ئايەت)

② ﴿اَفَّاكٍ﴾ "كَذَّابٍ" يالغانچى، ﴿اَثِيْمٍ﴾ گۇناھكار، ﴿وَيْلٌ﴾ ھالاك بولسۇن، ھالىغا ۋاي دېگەن مەنىدە. يەنە بىر مەنىسى، جەھەننەمدىكى بىر ۋادىنىڭ نامىمۇ ۋەيلۇندۇر.

③ يەنى كۇفرىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرىدۇ. ئۆزىنى ھەقتىن چوڭ تۇتىدۇ. شۇنداق مەغرۇرلۇق ئۇنى ھېچنىمىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ قويىدۇ.

④ يەنى بىرىنچىدىن، ئۇ قۇرئاننى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايدۇ. ئىككىنچىدىن، بىرەر سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالسا ياكى ئۇ بىرەر سۆزنى بىلىپ قالسا، ئۇنى مەسخىرە ئوبيېكتى قىلىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كەم ئەقىللىكى، چۈشەنمەس جاھىللىقى تۈپەيلىدىن ياكى كۇفرى ۋە

مەئسىيەتتە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ۋە تەكەببۇرلۇقىدىن خار قىلغۇچى ئازابقا قالىدۇ.

⑤ يەنى مەزكۇر سۈپەتلىك كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر.

وَلَا يُغۡنِي عَنۡهُم مَّا كَسَبُواْ شَيۡـٔٗا وَلَا مَا ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ
أَوۡلِيَآءَۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٌ ۝١٠ هَٰذَا هُدٗىۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ
رَبِّهِمۡ لَهُمۡ عَذَابٞ مِّن رِّجۡزٍ أَلِيمٌ ۝١١ ۞ ٱللَّهُ ٱلَّذِي سَخَّرَ لَكُمُ
ٱلۡبَحۡرَ لِتَجۡرِيَ ٱلۡفُلۡكُ فِيهِ بِأَمۡرِهِۦ وَلِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦ
وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ۝١٢

***ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرى (يەنى دۇنيادا تاپقان ماللىرى ۋە باللىرى)① ۋە ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە مەدەتكار قىلىۋالغان نەرسىلىرى (يەنى بۇتلىرىمۇ) ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ②، ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار [10]. بۇ (قۇرئان ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە ئەگەشكەن كىشىگە كامىل) ھىدايەتتۇر③، رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا ئەڭ قاتتىق ئازاب بار④ [11]. ئاللاھ ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن⑤، سىلەرنىڭ ئۇنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن)⑥ ۋە (ئۇنىڭغا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن⑦، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر⑧ [12].***

① يەنى ئۇلارنىڭ دۇنيادا توپلىغان مال-مۈلۈكى ۋە پەخىرلەنگەن قوللىغۇچىلىرى، ھەتتا پەرزەنتلىرىمۇ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ياردەممۇ قىلالمايدۇ.

② ئۇلارنىڭ دۇنيادا تۇتقان دوستلىرى، ياردەمچىلىرى ۋە مەبۇدلىرى بۇ

كۈنىدە ئۇلارغا ھېچ كۆرۈنمەيدۇ. كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ئىش شۇنداق تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ياردەمگە كەلسۇن؟

③ يەنى بۇ قۇرئان ھىدايەت كىتابىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ نازىل قىلىنىشىدىن مەقسەت كىشىلەرنى كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىشتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ مۇكەممەل بىر يولباشچى ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر. ئەمما، پەقەت قۇرئانغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ۋە يۈزلەنگەن كىشىلا ئۇنىڭدىن ھىدايەتكە يول تاپالايدۇ. بولمىسا، بىر شائىرنىڭ «يولنى كۆرسىتىپ قويسىمۇ، مەنزىلگە يەتمىدى» دېگىنىدەك بىر ئىش بولىدۇ.

④ ﴿أَلِيمٌ﴾ دېگەن سۆز ﴿عَذَابٌ﴾نىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئەلەم قىلغۇچى ئازاب دېگەن مەنىدە. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى ﴿رِجْزٍ﴾ نىڭ سۈپىتى دەپ قارايدۇ. ﴿رِجْزٍ﴾نىڭ مەنىسى "عَذَابٌ شَدِيْدٌ " (قاتتىق ئازاب) دېمەكتۇر.

⑤ يەنى دېڭىزلاردا كېمە ۋە پاراخوتلارنىڭ يۈرۈشى سىلەرنىڭ سانائەتتە ماھىرلىقىڭلاردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەندۇر. ئاللاھ تائالا دېڭىزغا كېمىلەرنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتمەستىن، سۇ يۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئەمر قىلغان. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، دېڭىزدا قاتتىق دولقۇن پەيدا قىلىپ، كېمىلەرنى بىخەتەر ماڭالماس قىلىپ قوياتتى. ئاللاھ تائالا گاھىدا ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن دېڭىزدا قاتتىق دولقۇن پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر داۋاملىق شۇنداق دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولسا، دېڭىزدا سەپەر قىلىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

⑥ يەنى دېڭىزدا قاتناپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق، بېلىق قاتارلىق جانلىقلارنى تۇتۇش ئارقىلىق، دېڭىز ئاستىدىن ھەر خىل ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىش ئارقىلىق پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن.

⑦ ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىنى نېمە ئۈچۈن قىلدى؟ دېڭىز بويسۇندۇرۇلغانلىقتىن سىلەر ئېرىشكەن نېمەتلەر ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى.

⑧ يەنى ئاللاھ دېڭىزنى كېمىلەر بىلەن ئۈستىدە سەپەر قىلغىلى بولىدىغان قىلىپ ياراتتى.

وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُۚ إِنَّ فِي
ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٣﴾ قُل لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ يَغْفِرُواْ لِلَّذِينَ
لَا يَرْجُونَ أَيَّامَ ٱللَّهِ لِيَجْزِيَ قَوْمًۢا بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴿١٤﴾ مَنْ
عَمِلَ صَٰلِحًا فَلِنَفْسِهِۦۖ وَمَنْ أَسَآءَ فَعَلَيْهَاۖ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُمْ
تُرْجَعُونَ ﴿١٥﴾ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحُكْمَ وَٱلنُّبُوَّةَ
وَرَزَقْنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ

*ئاللاھ سىلەرگە ئۆز پەزلىدىن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى بويسۇندۇرۇپ بەردى① ، ئەلۋەتتە ، بۇنىڭدا (قۇدرىتى ئىلاھىيەنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن (روشەن) دەلىللەر بار [13]. (ئى پەيغەمبەر!) ئىمان ئېيتقانلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ ھەربىر قەۋمنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن② ، ئۇلار ئاللاھنىڭ كۈنلىرىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمايدىغان كاپىرلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىنى) كەچۈرۈپ تۇرسۇن③ [14]. كىمكى (دۇنيادا) ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر④ . ئاندىن كېيىن رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر⑤ [15]. شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتاب (يەنى تەۋرات)، ھۆكۈمرانلىقنى⑥ ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇردۇق⑦ ،*

① «بويسۇندۇرۇپ بەردى» دېگەننىڭ مەنىسى، ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىشقا بۇيرۇدى. سىلەرنىڭ ئالىدىغان پايداڭلار، تىرىكچىلىكىڭلار ۋە باشقا مەنپەئەتىڭلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. دېمەك، ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىلىپ بەردى. ئۇ نەرسىلەر: ئاي، قۇياش، نۇرلۇق يۇلتۇزلار، يامغۇر، بۇلۇت، شامال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «ئۆز پەزلىدىن» دېگەننىڭ مەنىسى، ئۆزىنىڭ

مەرھەمىتى ۋە كەرىمىدىن، سىلەرگە ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلدى، دېگەنلىك بولىدۇ.

② يەنى ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ سىلەرگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلساڭلار ۋە ئۇلارنىڭ يولسىزلىقلىرىنى كەچۈرسەڭلار، بارلىق گۇناھ ئۇلارنىڭ زىممىسىدە قالىدۇ، ئۇنىڭ جازاسىنى ئۇلارغا قىيامەت كۈنى بىز بېرىمىز.

③ يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم بېرىشكە ۋە دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىدىن قورقمايدىغانلارنى يەنى ئاللاھنىڭ جازالىشى ۋە ئازابلىشىدىن قورقمايدىغانلارنى مۇئمىنلەر كەچۈرۈپ تۇرسۇن. بۇ ئادەملەردىن كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿أَيَّامَ اللَّهِ﴾ «ئاللاھنىڭ كۈنلىرى» دېگەن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ھەم جازا ۋە ئازابلىرىنى كۆرسىتىدۇ. سۈرە ئىبراھىم 5-ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك: ﴿ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كۈنلىرىنى ئەسلەتكىن﴾. دېمەك ئاللاھنىڭ ئازابى ۋە جازالىشىدىن قورقمايدىغان كاپىرلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ تۇرسۇن. بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇق ئىدى، كېيىن مۇسۇلمانلار كۈچلەنگەن چاغدا، كاپىرلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش (جىھاد) قىلىشقا ئەمر قىلىندى.

④ ھەربىر گۇرۇھ ۋە ھەربىر شەخسنىڭ ئەمىلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئۇنىڭ پايدىسى ياكى زىيىنى قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ، باشقا بىرسىگە ئارتىلمايدۇ. بۇ ئايەتتە ھەم ياخشىلىققا تەرغىب قىلىندى، ھەم يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇلدى.

⑤ ئاندىن ئاللاھ تائالا ھەر كىمگە ئەمەلىگە قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ياخشىلارغا مۇكاپات؛ يامانلارغا جازا بېرىدۇ.

⑥ بۇ يەردىكى ﴿الْكِتَابَ﴾ دېگەندىن تەۋرات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿الْحُكْمَ﴾ دېگەن ھۆكۈمرانلىق، پادىشاھلىق ياكى ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى جېدەل-ماجىرالارنى ھەل قىلىشتا زۆرۈر بولغان ھۆكۈم قىلىش سالاھىيىتى ۋە ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن رىزىق ۋە پاك نېمەتلەر ئىچىدە بۆدۈنە بىلەن تەرەنجىۋىلمۇ بار ئىدى.

وَفَضَّلۡنَٰهُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٦﴾ وَءَاتَيۡنَٰهُم بَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِۖ فَمَا
ٱخۡتَلَفُوٓاْ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡعِلۡمُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۚ إِنَّ رَبَّكَ
يَقۡضِي بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١٧﴾ ثُمَّ
جَعَلۡنَٰكَ عَلَىٰ شَرِيعَةٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِ فَٱتَّبِعۡهَا وَلَا تَتَّبِعۡ أَهۡوَآءَ ٱلَّذِينَ لَا
يَعۡلَمُونَ ﴿١٨﴾ إِنَّهُمۡ لَن يُغۡنُواْ عَنكَ مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـٔٗاۚ وَإِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ
بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۖ وَٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿١٩﴾ هَٰذَا بَصَٰٓئِرُ لِلنَّاسِ

*ئۇلارنى (ئۆز زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق① [16]. بىز ئۇلارغا دىن ئىشىدا روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق②، پەقەت ئۇلارغا ئىلىم (يەنى دىنىنىڭ راستلىقىغا كەسكىن دەلىللەر) كەلگەندىن كېيىنلا، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى③. شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ④ [17]. ئاندىن كېيىن، (ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنى دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق⑤، شۇ يولغا ئەگەشكىن، (ھەقىقەتنى) بىلمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن⑥ [18]. شەكسىزكى، (ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىغا ماسلاشسىدىغان بولساڭ) ئۇلار ئاللاھتىن (كېلىدىغان) ھېچبىر نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايدۇ. شەكسىزكى، زالىملار (دۇنيادا) بىر-بىرىگە دوستتۇر. ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر [19]. بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ بېرىدىغان) روشەن پاكىتلاردۇر⑦،*

① يەنى شۇ زامانىدىكى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.

② ئۇ دەلىللەر بىلەن نېمىنىڭ ھالال ۋە نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى روشەن بايان قىلدۇق. يەنە بىر مەنىسى ئۇ دەلىللەردىن مۆجىزىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلىم، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ۋە ئۇ ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جاينىڭ بەلگىلىنگەنلىكى قاتارلىقلار مەقسەت قىلىنىدۇ. دېمەك،

مەزكۇر ئىلىملەر ئۇلارغا بىلدۈرۈلگەن ئىدى.

③ ﴿بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۚ﴾ نىڭ مەنىسى، ئۆزئارا بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىشىپ، ئۆچ-ئاداۋەت ۋە تەرسالىق سەۋەبىدىن ياكى ھوقۇق-مەنسەپ ۋە ئىززەت-ئابرۇي تالىشىپ، دېمەكتۇر. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دىنى توغرۇلۇق ئىلىم كەلگەن تۇرۇپمۇ، ئىختىلاپ قىلىشتى ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشتى.

④ يەنى ھەق تەرەپتە تۇرغانلارغا مۇكاپات؛ باتىل تەرەپتە تۇرغانلارغا جازا بېرىدۇ.

⑤ ﴿شَرِيعَةٖ﴾نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى يول، قانۇن دېگەن بولىدۇ. چوڭ كوچا ۋە يوللارمۇ " شَارِعٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ يوللار مەقسەت ۋە مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ. بۇ يەردىكى ﴿شَرِيعَةٖ﴾ دېگەندىن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن دىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ مەقسەتتە بەلگىلەپ بەرگەنكى، كىشىلەر بۇ دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ رىزالىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك مەقسەتكە يېتىدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، بىز سىنى دىن ئىشىدا ناھايىتى روشەن بىر يولدا قىلدۇق، بۇ يول سىنى ھەقىقەتكە يەتكۈزىدۇ.

⑥ يەنى ئاللاھنىڭ بىرلىكى، بارلىقى، ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن دىن ۋە شەرىئەتنى بىلمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. ئۇلاردىن مەككە كاپىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑦ بۇ قۇرئان دىنىنىڭ ئەھكاملارىغا مۇناسىۋەتلىك دەلىل-پاكىتلار مەجمۇئەسىدۇر، ئىنسانلار ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار باردۇر.

وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّقَوۡمٖ يُوقِنُونَ ٢٠ أَمۡ حَسِبَ ٱلَّذِينَ ٱجۡتَرَحُواْ
ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن نَّجۡعَلَهُمۡ كَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَوَآءٗ
مَّحۡيَاهُمۡ وَمَمَاتُهُمۡۚ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ٢١ وَخَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّ وَلِتُجۡزَىٰ كُلُّ نَفۡسِۭ بِمَا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ٢٢
أَفَرَءَيۡتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَٰهَهُۥ هَوَىٰهُ وَأَضَلَّهُ ٱللَّهُ عَلَىٰ عِلۡمٖ

***(ھەق ئىكەنلىكىگە) جەزمەن ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر① [20]. يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كاپىرلار) بىزنىڭ ئۇلارنى ھاياتلىقتا ۋە ئۆلگەندە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟② (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان! [21]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. (بۇ) ھەربىر ئىنسانغا زۇلۇم قىلىنماستىن③، قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىشى ئۈچۈندۇر [22]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان④، ئاللاھ (ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى) بىلىپ ئازغۇنلۇقتا قويغان⑤،***

① يەنى بۇ قۇرئان دۇنيادا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان كىتابتۇر.

② يەنى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ئايرىماستىن، ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ ئىش ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار دۇنيادا باراۋەر ياشىغاندەك، ئاخىرەتتىمۇ باراۋەر ياشامدۇ؟ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ ۋە بۇلارمۇ يوق بولۇپ كېتەمدۇ؟ گۇناھكارلارغا جازا؛ ياخشىلارغا مۇكاپات بېرىلمەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئاخىرىدا: ﴿ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾ دېدى.

③ ئادالەت شۇكى، قىيامەت كۈنى پۈتۈن خالايىقلار ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ھەربىر شەخسكە قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ. كاپىرلار ئويلىغاندەك ياخشىلار بىلەن يامانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككى خىل كىشىلەرنى باراۋەر ئورۇندا قويۇش زۇلۇمدۇر. بۇ بىر تەرەپتىن ئادالەتكە خىلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەقتىن بۇرۇلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن تىكەن تېرىغان كىشى ئۈزۈم ئالالمىغاندەك، يامانلىق قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىگە تەييارلىغان ئىززەت ماقامىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

④ بۇ ئىبارىنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشى نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنى توغرا دەپ قىلىدىغان، نېمىنى يامان

كۆرسە شۇنى خاتا دەپ تەرك ئېتىدىغان يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەھكاملىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىنى ياكى ئەقلىنى ئۈستۈن ئورۇندا قويىدىغان ئادەم. دېمەك، ئەقلىمۇ مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ياكى مەنپەئەتكە ئەسىر بولۇپ، نەپسى خاھىشقا ئوخشاش، خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قالىدۇ. يەنە بىر مەنىسى: ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن ھىدايەت ۋە دەلىل-پاكىتقا ئاساسلانماي، كۆڭلى خالىغان دىنىنى تاللايدىغان ئادەم. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدىن بىر تاشقا چوقۇنۇپ تۇرۇپ، باشقا بىر چىرايلىقراق تاشنى كۆرسە، ئىلگىرىكى تاشنى تەرك ئېتىپ، باشقا بىر تاشنى مەبۇد قىلىۋالىدىغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ بۇ ئىبارىنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، «ئۇنىڭغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىنمۇ، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ (ئازغۇنلۇقتا تۇرغان) ئاللاھ (مۇ) ئۇنى ئازغۇنلۇقتا قويغان ئادەم» يەنى ھەقنى ئىسپاتلايدىغان ئىلىمغا يەتكەن ۋە دەلىل-پاكىت كۆز ئالدىدا ئايان بولغاندىن كېيىنمۇ، ئازغۇنلۇق يولىنى تاللايدىغان ئادەم. خۇددى كۆپ ئىلىم ھاسىل قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئازغۇنلۇقتا يۈرگەن ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئوخشاش. ئۇلار ئۆزى ئازغۇن، مەيدانى ئاساسسىز ھەمدە ئىسپاتسىز كىشىلەردۇر. ئۇلار «بىزدىن باشقىسى توغرا يولدا ئەمەس» دېگەن مەغرۇرلۇق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «دەلىل-پاكىتلىرىنى» خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن دەستۇردەك توغرا دەپ قارايدۇ، شۇ قەدەر «ئىلىم ۋە ئىدراكقا» ئىگە بولغان تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلىقىغا قارىماي، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغانلىقىغا پەخىرلىنىدۇ. (ئاللاھقا سېغىنىپ ئاداشقان ئىلىم، يۈزەكى چۈشەنچە، چەتنىگەن ئەقىلدىن پاناھ تىلەيمىز)

وَخَتَمَ عَلَىٰ سَمۡعِهِۦ وَقَلۡبِهِۦ وَجَعَلَ عَلَىٰ بَصَرِهِۦ غِشَٰوَةٗ فَمَن يَهۡدِيهِ
مِنۢ بَعۡدِ ٱللَّهِۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٢٣﴾ قَالُواْ مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنۡيَا
نَمُوتُ وَنَحۡيَا وَمَا يُهۡلِكُنَآ إِلَّا ٱلدَّهۡرُۚ وَمَا لَهُم بِذَٰلِكَ مِنۡ عِلۡمٍۖ إِنۡ
هُمۡ إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٢٤﴾

*قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن① ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن②*

***ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ (ئازغۇنلىقىدا قويغان)دىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟③ سىلەر (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالماسىلەر؟④ [23]. ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە تىرىلىپ تۇرىمىز (يەنى تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىزنى پەقەت زامانلا يوق قىلىدۇ» دەيدۇ⑤. ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت خىيالغا كەلگەنچە سۆزلەيدۇ [24].***

① شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ قۇلىقى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاشتىن، قەلبى ھىدايەتنى چۈشىنىشتىن مەھرۇم بولغان.

② يەنى شۇ سەۋەبلەردىن ھەقنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

③ ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ئېيتقانىدەك: ﴿ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقاپ يۈرىدۇ﴾. (سۈرە ئەئراف 186-ئايەت)

④ يەنى ھەقىقەتنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلماسىلەر؟

⑤ بۇ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان «دەھرىيلەر» ۋە ئۇلار بىلەن بىر ئېقىمدىكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ سۆزلىرىدۇر. ئۇلار: ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا بار، ئاخىرەت ھاياتى مەۋجۇت ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىن ھاياتلىق بولمايدۇ، ئۆلۈش ۋە تۇغۇلۇش پەقەت زاماننىڭ ئايلىنىشىنىڭ نەتىجىسى، بىر ئەۋلات ئۆلسە، يەنە بىر ئەۋلات دۇنياغا كېلىپ تۇرىدۇ، يەنى ئاتىلار ئۆلىدۇ، بالىلار تۇغۇلىدۇ، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى بىر قىسىم ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىدىغان پەلسەپىچىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار: ھەر 36 مىڭ يىلدا بىر قېتىم ھەر قانداق نەرسە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ، دەۋر مۇشۇ تەرىقىدە پىلانلىغۇچىسىز ۋە باشقۇرغۇچىسىز ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ باشلىنىش ۋاقتىمۇ يوق، ئاخىرلىشىدىغان چېكىمۇ يوق، دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار ئەقلىمۇ قوبۇل قىلمايدىغان، نەقلىي دەلىللەرگىمۇ زىت كېلىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. يەنە «دەۋرىيلەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پىرقە: ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز، يەنى بىز ئۆلۈپ يەنە تۇغۇلىمىز، دەۋر شۇنداق داۋام قىلىدۇ،

ھېسابمۇ يوق، جازامۇ يوق، يارانقۇچىمۇ يوق، دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت خىيالىغا كەلگەنچە سۆزلەيدۇ﴾ دېدى. جاھىلىيەتتە مۇشرىكلار ئۆلتۈرۈش ۋە تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ سۈپىتىنى ئىنكار قىلاتتى يەنە زامان بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، دەپ زامانىنى تىللايتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە تەپسىر تەبەرى) بۇ ھەقتە ھەدىس قۇدسىدا: «ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، ئادەم ئەۋلادى ماڭا ئەزىيەت قىلىدۇ، ئۇلار زامانىنى تىللايدۇ (ئىشلارنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىپ، ئۇنى يامان دەيدۇ)، ۋەھالەنكى (زامان ئۆزى ھېچنەرسە ئەمەس)، مەن زاماندۇرمەن. پۈتۈن باشقۇرۇش ھوقۇقى مېنىڭ ئىلكىمدە، كېچىنى كۈندۈز قىلىش، كۈندۈزنى كېچە قىلىشمۇ مېنىڭ ئەمرىم بىلەندۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 4826-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2246-ھەدىس)

وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٖ مَّا كَانَ حُجَّتَهُمۡ إِلَّآ أَن قَالُواْ ٱئۡتُواْ
بِـَٔابَآئِنَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٢٥﴾ قُلِ ٱللَّهُ يُحۡيِيكُمۡ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ
يَجۡمَعُكُمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ فِيهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا
يَعۡلَمُونَ ﴿٢٦﴾ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ
يَوۡمَئِذٖ يَخۡسَرُ ٱلۡمُبۡطِلُونَ ﴿٢٧﴾ وَتَرَىٰ كُلَّ أُمَّةٖ جَاثِيَةٗۚ كُلُّ أُمَّةٖ تُدۡعَىٰٓ
إِلَىٰ كِتَٰبِهَا ٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٢٨﴾

هَٰذَا كِتَٰبُنَا يَنطِقُ عَلَيۡكُم بِٱلۡحَقِّۚ إِنَّا كُنَّا نَسۡتَنسِخُ مَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ﴿٢٩﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ

***ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوچۇق ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلارنىڭ پاكىتى پەقەت «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى (تىرىلدۈرۈپ) ئەكىلىپ بېقىڭلار» دېيىشتىن ئىبارەت بولىدى① [25]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ***

***سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن (ئەجىلىڭلار پۈتكەندە) ۋاپات قىلدۇرىدۇ، ئاندىن (كېلىدىغانلىقىدا) قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى يىغىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ ھەقىقەتنى) بىلمەيدۇ (شۇ ۋەجىدىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ)» [26]. ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، قىيامەت قايىم بولغان شۇ كۈندە (ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان) كاپىرلار زىيان تارتىدۇ [27]. (ئۇ كۈندە) ھەربىر ئۈممەتنى (قورقۇنچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن②، ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نامە - ئەمەلىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا چاقىرىلىدۇ، ھەمدە (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەر ئەمەلىڭلارغا يارىشا (مۇكاپات ياكى جازادىن) تېگىشلىك بولغاننى ئالىسىلەر» (دېيىلىدۇ) [28]. بۇ (نامە ـ ئەمەل) سىلەرگە (بارلىق قىلمىشىڭلارنى) راستچىللىق بىلەن سۆزلەپ بېرىدىغان كىتابىمىزدۇر③. شەكسىزكى، بىز قىلمىشىڭلارنى (ئۇنىڭغا) يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)④ [29]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك⑤،***

① بۇ ئۇلارنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ دەلىلىدىن ئىبارەت.

② ئايەتنىڭ زاھىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ھەربىر گۇرۇھ (مەيلى ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولسۇن ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار بولسۇن) قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن تىزلىنىپ ئولتۇرغان بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) ئۇلار ھېساب ئېلىش ئۈچۈن چاقىرىلغانغا قەدەر شۇ ھالەتتە ئولتۇرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇشۇ نۇقتا بايان قىلىنىدۇ.

③ بۇ يەردىكى «كىتاب» دېگەندىن ئىنساننىڭ بارلىق ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن نامە-ئەمەل دەپتىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿نامە-ئەمەللەر ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ﴾. (سۇرە زۇمەر 69-ئايەت) ﴿بۇ نامە ـ ئەمەلدە ئىنسان ھاياتىدا قىلغان ھەربىر سۆز-ھەرىكەت ئۇنىڭغا بىر نەرسە قوشۇپ قويۇلماستىن ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە كېمەيتىپمۇ قويۇلماستىن خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. ئىنسان بۇلارنى كۆرۈپ ۋارقىراپ

كېتىدۇ: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمەلگە چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ﴾. (سۈرە كەھف 49 ـ ئايەت)

④ يەنى بىز قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغان ئىدۇق، يەنە بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە پەرىشتىلەرمۇ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىڭلارنى خاتىرىلەپ تۇرغان ۋە ساقلاپ قويغان ئىدى.

⑤ بۇ ئايەتتىمۇ ئىمان بىلەن بىرگە ياخشى ئەمەل تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بايان قىلىندى. ياخشى ئەمەل دېگەن سۈننەتكە ئۇيغۇن ئادا قىلىنغان سالىھ ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان ئۆز خاھىشى بويىچە ياخشى ئەمەل دەپ تاللىۋېلىپ، قىزغىنلىق بىلەن قىلغان ئەمەللەر ياخشى ئەمەلگە كىرمەيدۇ. خۇددى بىر قىسىم بىدئەتچىلەر ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان بىدئەت ئەمەللەرنى پەرز ـ ۋاجىبلاردىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋالغانغا ئوخشاش. شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردا پەرز ـ سۈننەتلەرنى تەرك ئېتىش ئومۇملىشىپ كەتكەن، ئۇلار بىدئەت ئەمەللەرگە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىدۇكى، ئۇنى ھەرگىز چالا قىلىپ قويمايدۇ، ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىدئەتنى ئەڭ يامان ئەمەل دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

فَيُدۡخِلُهُمۡ رَبُّهُمۡ فِي رَحۡمَتِهِۦۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡمُبِينُ ٣٠ وَأَمَّا
ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَفَلَمۡ تَكُنۡ ءَايَٰتِي تُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡ
وَكُنتُمۡ قَوۡمٗا مُّجۡرِمِينَ ٣١ وَإِذَا قِيلَ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَٱلسَّاعَةُ لَا
رَيۡبَ فِيهَا قُلۡتُم مَّا نَدۡرِي مَا ٱلسَّاعَةُ إِن نَّظُنُّ إِلَّا ظَنّٗا وَمَا
نَحۡنُ بِمُسۡتَيۡقِنِينَ ٣٢ وَبَدَا لَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا عَمِلُواْ وَحَاقَ بِهِم مَّا
كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ٣٣ وَقِيلَ ٱلۡيَوۡمَ نَنسَىٰكُمۡ كَمَا نَسِيتُمۡ لِقَآءَ
يَوۡمِكُمۡ هَٰذَا وَمَأۡوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن نَّٰصِرِينَ ٣٤

***رەببى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ①، مانا بۇ ئوپئوچۇق مۇۋەپپەقىيەتتۇر [30]. كاپىر بولغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن دېيىلىدۇكى): «مېنىڭ***

***ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلگەن ئەمەسمىدى؟(يەنى مەن سىلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتىم، ئۇلار سىلەرگە ئايەتلىرىمنى ئوقۇپ بەردى)② سىلەر چوڭچىلىق قىلىپ (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتىڭلار، سىلەر (ئەسلىدە) گۇناھقا چۆمگەن قەۋم ئىدىڭلار»③ [31]. (سىلەرگە) «ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، قىيامەتتە (يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشىدا) ھېچ شەك يوق» دېيىلسە، سىلەر (ھەددىدىن زىيادە سەركەشلىكىڭلاردىن): «قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، بىز (ئۇنىڭ بولۇشىنى) پەقەتلا گۇمان قىلىمىز، (ئەمما ئۇنىڭغا) بىز چىن ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار④ (دېيىلىدۇ) [32]. (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئۆزلىرى (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ⑤ [33]. (ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن بىزمۇ سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)⑥، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە (سىلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچىمۇ بولمايدۇ [34].***

① «رەھمىتى» دېگەندىن جەننەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. خۇددى ھەدىستە كەلگەندەك: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا جەننەتكە: سەن مېنىڭ رەھمىتىم، مەن سەن بىلەن خالىغان ئادەمگە رەھىم قىلىمەن، دېگەن». (سەھىھۇل بۇخارى 4850- ھەدىس)

② يەنى بۇ سۆز ئۇلارغا ئەيىبلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزگەن. ئەمما، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە پەرۋا قىلمىغان ئىدى.

③ يەنى ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلدىڭلار، ئىمان ئېيتمىدىڭلار، سىلەر ئۆزۈڭلار گۇناھكار قەۋم ئىدىڭلار.

④ يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشى ئېھتىمال دەپ گۇمان قىلىمىز، ئۇنىڭ جەزمەن بولۇشىغا ئىشەنمەيمىز، دېدىڭلار.

⑤ ئۇلار مەسخىرە قىلغان قىيامەتنىڭ ئازابى ئۇلارنى ئوراپ ئالىدۇ، ئۇلار شۇ ئازابقا گىرىپتار بولىدۇ.

⑥ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بەزى بەندىلىرىگە قىيامەت كۈنى: ساڭا خوتۇن بەرمىدىممۇ؟ سېنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلمىدىممۇ؟ سېنىڭ خىزمىتىڭ ئۈچۈن ئات، كالا، تۆگە قاتارلىقلارنى ساڭا بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ؟ سېنى ھەم ھەق ئالىدىغان، ھەم باشقۇرىدىغان قىلمىدىممۇ؟ دەيدۇ. بەندە: شۇنداق، ئى رەببىم! دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: ماڭا ئۇچرىشىدىغانلىقىڭنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ: ياق، دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: سەن مېنى ئۇنتۇغاندەك، بۈگۈن مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن، (يەنى سېنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمەن)، دەيدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2968-ھەدىس)

ذَٰلِكُم بِأَنَّكُمُ ٱتَّخَذْتُمْ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ هُزُوًا وَغَرَّتْكُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا ۚ فَٱلْيَوْمَ لَا يُخْرَجُونَ مِنْهَا وَلَا هُمْ يُسْتَعْتَبُونَ ﴿٣٥﴾ فَلِلَّهِ ٱلْحَمْدُ رَبِّ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَرَبِّ ٱلْأَرْضِ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٣٦﴾ وَلَهُ ٱلْكِبْرِيَآءُ فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٣٧﴾

*بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە ماۋزۇسى قىلىۋالدىڭلار ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكى سىلەرنى ئالدىغان ئىدى». بۇ كۈندە ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلمايدۇ، ئۇلاردىن (تەۋبە قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن ئاللاھنى) رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ① [35]. جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنىڭ رەببى، زېمىننىڭ رەببى ۋە ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر! [36] ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى (تەڭداشسىز) ئۇلۇغلۇق ئاللاھقا خاستۇر②، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [37].*

① يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى مەسخىرە قىلىش ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىشتىن ئىبارەت

ئىككى خىل جىنايەت سىلەرنى جەھەننەم ئازابىغا ئېلىپ باردى، ئەمدى ئۇنىڭدىن چىقىش ۋە دۇنياغا قايتىش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا تەۋبە قىلىش ۋە ئۆزرە ئېيتىش پۇرسىتى بېرىلىشتىنمۇ ئۈمىد يوق. ﴿ لَا يُسْتَعْتَبُونَ﴾ "لاَ يُسْتَرْضَوْنَ" يەنى ئۇلاردىن ئاللاھنى رازى قىلىش، ئاللاھقا تەۋبە بىلەن مۇراجىئەت قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۆزرە بايان قىلىشمۇ پايدا بەرمەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② ھەدىس قۇدسىيدا: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بۈيۈكلۈك ئىشتىنىمدۇر، ئۇلۇغلۇق تونۇمدۇر، كىمكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى مەندىن تالاشسا، (يەنى بەندىلەرگە چوڭچىلىق قىلسا) مەن ئۇ ئادەمنى دوزىخىمغا سالىمەن». (سۈنەنى ئىبنى ماجە 4175-ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4090-ھەدىس )

بسم الله الرحمن الرحيم

هاپىز سالاھۇددىن يۈسۈف

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى

## (سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھلەنگەن)

## 5

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

بۇ تەپسىرنىڭ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشىغا ماددىي ياردەم قىلغان مۇھەممەد روزى هاجىم ئاقتاشتىن ئاللاھ رازى بولسۇن! ئاتا-ئانىسى ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.

# ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى (5)

(سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ شەرھلەنگەن)

**هاپىز سالاھۇددىن يۈسۈف**

ئوردوچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد سادىق ئىسمائىل كاشغەرى**

**تەھرىرلىگۈچىلەر:**

ئەخمەتجان توختاجى

ئابدۇسەمەد قاراجىم

ئا. ئوبۇل

ئابدۇلئەزىز ئابدۇرەھىم

سىراجىددىن ئەزىزى

**نازارەتچىلەر:**

ئابدۇراززاق ئۈجاتلى

سىراجىددىن ئەزىزى

بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

2024م / 1445 ھـ بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل-تۈركىيە

# مۇندەرىجە

## 1 توم


مۇقەددىمە ..... 5
«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىگە مۇقەددىمە ..... 7
«ئەھسەنۇلبايان تەپسىرى» ھەققىدە ..... 25
تەپسىرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە ..... 29

- 1-پارە ..... 33
سۈرە فاتىھە ..... 33
سۈرە بەقەرە ..... 44
- 2-پارە ..... 134
- 3-پارە ..... 228
سۈرە ئال ئىمران ..... 265
- 4-پارە ..... 323
سۈرە نىسا ..... 395
- 5-پارە ..... 422
- 6-پارە ..... 520
سۈرە مائىدە ..... 542
- 7-پارە ..... 617


## 2 توم


سۈرە ئەنئام ..... 9
- 8-پارە ..... 81
سۈرە ئەئراف ..... 122
- 9-پارە ..... 172
سۈرە ئەنفال ..... 240
- 10-پارە ..... 263
سۈرە تەۋبە ..... 287
- 11-پارە ..... 357
سۈرە يۇنۇس ..... 387
سۈرە ھۇد ..... 451

| | |
|---|---|
| • 12-پارە | 455 |
| سۆرە یۆسۆف | 522 |
| • 13-پارە | 552 |
| سۆرە رەئد | 584 |
| سۆرە ئبراهم | 616 |


## 3 ـ توم


| | |
|---|---|
| سۆرە هجر | 9 |
| • 14-پارە | 9 |
| سۆرە نەهل | 36 |
| • 15-پارە | 103 |
| سۆرە ئسرا | 103 |
| سۆرە کەهف | 161 |
| • 16-پارە | 204 |
| سۆرە مەریەم | 221 |
| سۆرە تاها | 256 |
| سۆرە ئەنبیا | 307 |
| • 17-پارە | 307 |
| سۆرە هەج | 354 |
| • 18-پارە | 407 |
| سۆرە مۆئمنۆن | 407 |
| سۆرە نۆر | 445 |
| سۆرە فۆرقان | 499 |
| • 19-پارە | 510 |
| سۆرە شۆئەرا | 535 |
| سۆرە نەمل | 584 |
| • 20-پارە | 610 |


## 4 توم


| | |
|---|---|
| سۆرە قەسەس | 5 |
| سۆرە ئەنکەبۆت | 58 |
| • 21-پارە | 84 |
| سۆرە روم | 99 |
| سۆرە لۆقمان | 133 |
| سۆرە سەجدە | 156 |
| سۆرە ئەهزاب | 172 |
| • 22-پارە | 196 |
| سۆرە سەبە | 229 |
| سۆرە فاتر | 263 |
| سۆرە یاسن | 293 |
| • 23-پارە | 301 |
| سۆرە سافات | 323 |
| سۆرە ساد | 361 |

سۇرە زۇمەر 392
• 24-پارە 411
سۇرە غافىر 435
سۇرە ھا مىم سەجدە 483
• 25-پارە 511
سۇرە شۇرا 517
سۇرە زۇخرۇف 550
سۇرە دۇخان 585
سۇرە جاسىيە 601


## 5 توم


• 26-پارە 5
سۇرە ئەھقاف 5
سۇرە مۇھەممەد 29
سۇرە فەتىھ 52
سۇرە ھۇجۇرات 78
سۇرە قاف 93
سۇرە زارىيات 109
• 27-پارە 116
سۇرە تۇر 125
سۇرە نەجم 140
سۇرە قەمەر 157
سۇرە راھمان 173
سۇرە ۋاقىئە 191
سۇرە ھەدىد 210
• 28-پارە 233
سۇرە مۇجادىلە 233
سۇرە ھەشر 251
سۇرە مۇمتەھىنە 269
سۇرە سەف 285
سۇرە جۇمئە 294
سۇرە مۇنافىقۇن 301
سۇرە تەغابۇن 308
سۇرە تەلاق 319
سۇرە تەھرىم 332
• 29-پارە 343
سۇرە مۇلك 343
سۇرە قەلەم 357
سۇرە ھاققە 372
سۇرە مەئارىج 384
سۇرە نۇھ 394
سۇرە جىن 405
سۇرە مۇززەممىل 417
سۇرە مۇددەسسىر 427
سۇرە قىيامەت 438
سۇرە ئىنسان 447

سۈرە مۇرسەلات ..... 459

• 30-پارە 470

سۈرە نەبە ..... 470
سۈرە نازىئات ..... 480
سۈرە ئەبەسە ..... 490
سۈرە تەكۋىر ..... 498
سۈرە ئىنفىتار ..... 505
سۈرە مۇتەففىفىين ..... 510
سۈرە ئىنشىقاق ..... 518
سۈرە بۇرۇج ..... 524
سۈرە تارىق ..... 531
سۈرە ئەئلا ..... 536
سۈرە غاشىيە ..... 541
سۈرە فەجر ..... 546
سۈرە بەلەد ..... 554
سۈرە شەمس ..... 559
سۈرە لەيل ..... 563
سۈرە زۇھا ..... 568
سۈرە ئىنشىراھ ..... 571
سۈرە تىين ..... 574
سۈرە ئەلەق ..... 578
سۈرە قەدر ..... 583
سۈرە بەييىنە ..... 586
سۈرە زىلزال ..... 591
سۈرە مۇلك ..... 594
سۈرە قارىئە ..... 598
سۈرە تەكاسۇر ..... 602
سۈرە ئەسر ..... 605
سۈرە ھۇمەزە ..... 607
سۈرە فىل ..... 610
سۈرە قۇرەيش ..... 613
سۈرە مائۇن ..... 615
سۈرە كەۋسەر ..... 618
سۈرە كافىرۇن ..... 620
سۈرە نەسر ..... 622
سۈرە لەھەب ..... 624
سۈرە ئىخلاس ..... 627

# سۈرە ئەھقاف

| | |
|---|---|
| (46) سۈرە ئەھقاف مەككىدە چۈشكەن 35 ئايەت | (٤٦) سورة الاحقاف مكية ٣٥ آية |



بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

حمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلُ ٱلْكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَكِيمِ ﴿٢﴾ مَا خَلَقْنَا
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَآ إِلَّا بِٱلْحَقِّ وَأَجَلٍ مُّسَمًّىۚ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ عَمَّآ أُنذِرُواْ مُعْرِضُونَ ﴿٣﴾ قُلْ أَرَءَيْتُم مَّا تَدْعُونَ مِن
دُونِ ٱللَّهِ أَرُونِى مَاذَا خَلَقُواْ مِنَ ٱلْأَرْضِ أَمْ لَهُمْ شِرْكٌ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِۖ

***ھا، مىيم① [1]. (بۇ) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر [2]. ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھېكمەت بىلەن مۇئەييەن بىر مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان قىلىپ) ياراتتۇق②. كاپىرلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر③ [3]. (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار (نىڭ ئەھۋالى) نى ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ زېمىننىڭ قايسى بۆلىكىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلار ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ياراتىشىپتىكەنمۇ؟④***

① بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدە كەلگەن بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىزدىنىپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مۇپەسسىرلەر ئۇلارنىڭ ئىككى خىل پايدىسىنى بايان قىلغان بولۇپ، سۈرە لوقماننىڭ بىرىنچى ئايىتى ئاستىدىكى شەرھىدە بايان قىلىندى.

② يەنى ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتا ئاللاھنىڭ بىر مەقسىتى بار. ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلارنى سىناشتىن ئىبارەت. يەنە بىرى ئۇنىڭغا مۇئەييەن بىر مۇددەت بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىت كەلگەندە ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ھازىرقى ئىنتىزامى بۇزۇلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئاسمان باشقا بىر ئاسمانغا، بۇ زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ﴾. (سۈرە ئىبراھىم 48-ئايەت)

③ يەنى ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئەھۋالدا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش ۋە جازاغا تارتىلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەييارلىقمۇ قىلمايدۇ.

④ ﴿أَرَءَيْتُمْ﴾ " أَخْبِرُوْنِيْ يَا أَرُوْنِيْ "- ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار ياكى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلار دېگەن مەنىدە. يەنى سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلەر (بۇتلار ياكى شەخسلەر (ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ قايسى قىسمىنى يارىتىشقا ھەسسە قوشقان؟ شۇنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلار. دېمەك، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتا ئۇلار ھېچقانداق ھەسسە قوشقان ئەمەس. بەلكى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى يالغۇز ياراتقان. ئىش شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئۇ نالايىق نەرسىلەرنى ئىبادەتتە ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟

ٱئْتُونِى بِكِتَٰبٍ مِّن قَبْلِ هَٰذَآ أَوْ أَثَٰرَةٍ مِّنْ عِلْمٍ إِن كُنتُمْ
صَٰدِقِينَ ﴿٤﴾ وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّن يَدْعُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَن لَّا
يَسْتَجِيبُ لَهُۥٓ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ وَهُمْ عَن دُعَآئِهِمْ غَٰفِلُونَ ﴿٥﴾ وَإِذَا
حُشِرَ ٱلنَّاسُ كَانُوا۟ لَهُمْ أَعْدَآءً وَكَانُوا۟ بِعِبَادَتِهِمْ كَٰفِرِينَ ﴿٦﴾ وَإِذَا
تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلْحَقِّ لَمَّا

جَآءَهُمۡ هَٰذَا سِحۡرٞ مُّبِينٌ ⑦

***ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ (قۇرئان)دىن ئىلگىرى (سىلەرنى قوللاپ نازىل قىلىنغان) بىرەر كىتاب ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان بىرەر ئىلىم بولسا مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار»① [4]. ئاللاھنى قويۇپ قىيامەت كۈنىگىچىلىك ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دۇئا قىلغانلىقىدىن خەۋەرسىزدۇر② [5]. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا) توپلانغان چاغدا، ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلارغا دۈشمەن بولىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ③ [6]. كاپىرلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى قۇرئاننى باھالاپ): «بۇ روشەن سېھىردۇر» دەيدۇ [7].***

① يەنى راستچىللىقىڭلارنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قايسى بىر پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابتا ياكى نەقلىي رىۋايەتلەردە سىلەرنى ئاللاھتىن باشقىغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدىغان بىرەر دەلىل يېزىلغان بولسا، كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿أَثَٰرَةٖ مِّنۡ عِلۡمٍ﴾ دېگەننى «روشەن ئىلمىي دەلىل» دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ﴿كِتَٰبٍ﴾ دېگەندىن نەقلىي دەلىل، ﴿أَثَٰرَةٖ مِّنۡ عِلۡمٍ﴾ دېگەندىن ئەقلىي دەلىل مەقسەت قىلىنغان بولىدۇ. يەنى قانداق بىر ئەقلىي ياكى نەقلىي دەلىل بولسا، كۆرسىتىپ بېقىڭلار. ﴿أَثَارَةٍ﴾ دېگەن سۆزنى " أَثَر"دىن تۈرلىنىپ چىققان دەپ ئالغاندا رىۋايەت قىلىنغان ئىلىم دېگەن مەنە چىقىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن مۇپەسسىرلەر ئۇنى ئەقلىي ئىلىم دەپ ئالغان. ياكى ﴿أَثَٰرَةٖ مِّنۡ عِلۡمٍ﴾نىڭ مەنىسى «بَقِيَّةٌ مِنْ عِلْم» يەنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر دەۋەتلىرىدىن قالغان، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشەنچلىك ئەسەردىن نەقىل قىلىنغان ئىلىم دېگەن بولىدۇ. دېمەك، ئەنە شۇنداق ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئېلىنغان دەلىلىڭلار بولسا، كۆرسىتىپ بېقىڭلار.

② يەنى تاشتىن ياسالغان بۇتلاردىن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەردىن مەدەت تىلەيدىغان ئادەمدىن چوڭ ئازغۇن ئادەم يوق. ئۇنداق نەرسىلەر

قىيامەتكىچە تىلەكلەرنى ئىجابەت قىلىشقا قادىر ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىزدۇر.

③ بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە جايدا بايان قىلىندى. مەسىلەن: سۈرە يۇنۇس 290-ئايەت، سۈرە مەريەم 81-، 82-ئايەتلەر، سۈرە ئەنكەبۇت 25-ئايەت قاتارلىقلار. بۇ چوقۇنۇلغۇچى نەرسىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى: جانسىز نەرسىلەردىن دەرەخلەر، تاغلار، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن (كۈن ۋە ئاي) قاتارلىقلار. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جان ياكى سۆزلەش ئىقتىدارى ئاتا قىلىدۇ، ئۇلار سۆزلەپ تۇرۇپ: ئۇلارنىڭ بىزگە ئىبادەت قىلغانلىقىدىن ۋە سىنىڭ ئىلاھلىقىڭغا بىزنى شېرىك قىلغانلىقىدىن ئەسلا خەۋەرسىز ئىدۇق، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە :ئۇلار تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە خاس بەدەن تىلى بىلەن شۇنى ئىپادىلەيدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئۇ چوقۇنۇلغۇچى نەرسىلەرنىڭ ئىككىنچىسى بولسا پەيغەمبەر، پەرىشتىلەر، سالىھ كىشىلەردۇر. مەسىلەن: ئىيسا ئەلەيھىسسالام، ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا سالىھ كىشىلەر. ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدە (سۈرە مائىدە 117-ئايەتتە (جاۋاب بەرگەنىدەك جاۋاب بېرىدۇ. يەنە شەيتانمۇ (سۈرە ئىبراھىم 22-ئايەتتە كەلگەنىدەك) جاۋابكارلىقتىن قاچىدۇ. ئەنە شۇ چوقۇنۇلغان نەرسىلەر: ﴿« (ئى رەببىمىز!) بىز (بىزگە چوقۇنغۇچىلاردىن) ئادا-جۇدا بولغانلىقىمىزنى جاكارلايمىز، ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى (پەقەت نەپسى خاھىشلىرىغا چوقۇناتتى)» دېيىشىدۇ﴾. (سۈرە قەسەس63 -ئايەت)

أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ إِنِ ٱفْتَرَيْتُهُۥ فَلَا تَمْلِكُونَ لِى مِنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۖ
هُوَ أَعْلَمُ بِمَا تُفِيضُونَ فِيهِ ۚ كَفَىٰ بِهِۦ شَهِيدًۢا بَيْنِى وَبَيْنَكُمْ ۖ
وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٨﴾ قُلْ مَا كُنتُ بِدْعًا مِّنَ ٱلرُّسُلِ وَمَآ
أَدْرِى مَا يُفْعَلُ بِى وَلَا بِكُمْ ۖ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ وَمَآ أَنَا۠ إِلَّا
نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٩﴾

*ياكى ئۇلار قۇرئاننى ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆزى*

***توقۇغان (كالام) دىبىيشەمدۇ؟① (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، سىلەر مەندىن ئاللاھتىن (كېلىدىغان ئازابىنىڭ) ھېچبىرىنى توسۇپ قالالمايسىلەر②، ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ③، مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر (يەنى مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىڭلارغا گۇۋاھ بولىدۇ)④، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۇئمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»⑤ [8]. ئېيتقىنكى، «مەن (ئاللاھ ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسى ئەمەسمەن⑥، (مەندىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەھيي بىلەن كەلدىم، نېمىشقا مېنى ئىنكار قىلىسىلەر؟) ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن (چۈنكى ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ئالدىن ئۇققىلى بولمايدۇ)⑦، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» [9].***

① يۇقىرىقى ئايەتتىكى ئۇلارغا كەلگەن «ھەقىقەت» قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە تەسىر كۈچىنى كۆرۈپ ئۇنى «سېھىر» دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىپ ياكى پاكىت تاپالمىغاندا قۇرئان مۇھەممەد ئۆزى «توقۇغان كالام» دەپ دەۋا قىلىدۇ.

② يەنى ئەگەر سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار بويىچە ئاللاھ تائالا مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى دەپ جۆيلۈگەن بولسام ۋە مۇشۇ قۇرئاننىمۇ ئۆزۈم توقۇغان بولسام، مەن چوڭ جىنايەت سادىر قىلغان بولىمەن، بۇنداق چوڭ يالغانچىلىق قىلغانغا ئاللاھ تائالا مېنى قاتتىق جازالىماي قويمايدۇ. ئەگەر ماڭا شۇنداق بىر جازا كېلىپ قالسا، مېنى يالغانچى ئىكەن دەپ بىلىڭلار، ماڭا ھەرگىز ياردەم قىلماڭلار، بەلكى ئۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالسا، سىلەردىن ھېچكىم مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. بۇ مەزمۇن باشقا بىر سۈرىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا. ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم

ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى﴾. (سۈرە ھاققە 44 ـ ئايەتتىن 47 ـ ئايەتكىچە)

③ يەنى سىلەرنىڭ قۇرئاننى قايسى ئۇسۇلدا ئىنكار قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى، بىردەم ئۇنى سېھىر دېسەڭلار، بىردەم كاھىنىنىڭ سۆزى، بىردەم توقۇلغان كالام دېگىنىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. يەنى ئاللاھ ئۆزى سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

④ ئاللاھ بۇ قۇرئاننىڭ ئۆزى تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر ۋە سىلەرنىڭ ھەقنى يالغانغا چىقارغانلىقىڭلار ۋە ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقىڭلارغىمۇ يېتەرلىك گۇۋاھتۇر. بۇ ئايەتمۇ ئۇلار ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

⑤ ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە قۇرئاننى ئاللاھنىڭ كالامى دەپ ئېتىراپ قىلغانلارغا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. دېمەك ھېلىھەم ۋاقىت بار، تەۋبە قىلىپ ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە لايىق بولۇڭلار.

⑥ يەنى ۋەھيي ئېلىپ كەلگەن تۇنجى ۋە بىردىنبىر پەيغەمبەر ئەمەسمەن. مەن سىلەرگە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى بىر ئىشنى ئېلىپ كەلگىنىم يوق. مەندىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر كەلگەن.

⑦ يەنى دۇنيادا ئۇقمايمەن. مەن مەككىدە ياشامدىمەن ياكى بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولامدىمەن، تەبىئىي ئۆلۈم بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتەمدىمەن ياكى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئۆلتۈرۈلەمدىمەن؟ سىلەرگە بالدۇر ئازاب كېلەمدۇ ياكى ئۇزۇن مۆھلەت بېرىلەمدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. مەن ماڭا ياكى سىلەرگە ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ۋە كاپىرلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىمەن. ھەدىستە بەزى ساھابىلەر ۋاپات بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ سۆز قىلغانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تۇرۇپ ماڭا ۋە سىلەرگە ئاخىرەتتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن». (سەھىھۇل بۇخارى 3929 ـ ھەدىس) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھەر قانداق بىر شەخسنى جەننەتي ياكى دوزىخى دەپ كېسىپ ئېيتىش توغرا ئەمەس. پەقەت جەننەتي بولىدىغانلىقىغا ئېنىق دەلىل كەلگەنلەر بۇنىڭدىن

مۇستەسنا. مەسىلەن :جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابە، بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلار ۋە باشقىلار.

قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كَانَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ وَكَفَرۡتُم بِهِۦ وَشَهِدَ شَاهِدٞ مِّنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ مِثۡلِهِۦ فَـَٔامَنَ وَٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٠ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَوۡ كَانَ خَيۡرٗا مَّا سَبَقُونَآ إِلَيۡهِۚ وَإِذۡ لَمۡ يَهۡتَدُواْ بِهِۦ فَسَيَقُولُونَ هَٰذَآ إِفۡكٞ قَدِيمٞ ١١

*ئېيتقىنكى، «سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ! بۇ (قۇرئان) ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان تۇرسا، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلساڭلار، (ھالىڭلار قانداق بولار؟) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى ئۇنىڭ ئوخشىشىغا (يەنى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا) گۇۋاھلىق بېرىپ ئىمان ئېيتسا، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتساڭلار (سىلەر ئوپئوچۇق ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغان بولمامسىلەر؟)① شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» [10]. كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلارغا قارىتا: «ئەگەر (بۇ قۇرئانغا ئىمان ئېيتىش) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا (ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتمىگەن بولاتتى» دېدى، ئۇلار ئۇ (قۇرئان) بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقى ئۈچۈن، «بۇ قەدىمي ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ② [11].*

① «ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى» بۇ گۇۋاھچى كىم؟ بەزى مۇپەسسىرلەر: «گۇۋاھچى» دېگەن سۆز بۇ يەردە تۈرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىمان ئېيتقان ھەر قانداق بىر شەخسنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر: مەككىدە ياشايدىغان ھەرقانداق بىر ئىسرائىل ئەۋلادىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى، بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان، دەيدۇ. بەزىلەر: ئۇ گۇۋاھچى ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى، بۇ ئايەت مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ ئىزاھلايدۇ. ئىككى سەھىھ كىتاب ھەدىسلىرىمۇ مۇشۇ ئاخىرقى نۇقتىنى

كۈچلەندۈردۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 3812-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2438-ھەدىس) شۇڭا ئىمام شەۋكانىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلۈك دەپ قوللىغان. ﴿عَلَىٰ مِثْلِهِۦ﴾ دېگەننىڭ مەنىسى: «ئۇنىڭ ئوخشىشى بولغان كىتابنىڭ گۇۋاھلىقى» يەنى تەۋراتنىڭ گۇۋاھلىقى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، قۇرئانمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتا تەۋراتقا ئوخشاش كىتابتۇر. دېمەك، ئەھلى كىتاب گۇۋاھلىق بېرىپ، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا ھېچ شەك قالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئەمدى سىلەرنىڭ تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلىشىڭلار ئەسلا يوللۇق ئەمەس. سىلەر بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىشىڭلار كېرەك.

② مەككە كاپىرلىرى ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ يەنى بىلال، ئەممار، سۇھەيب ۋە خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئوخشىغان ئاجىز ۋە قۇل مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى دەسلەپتە قوبۇل قىلىش شەرىپىگە نائىل بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەگەر بۇ دىن ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئاۋۇلار ئەمەس، بەلكى بىزدەك ئىززەت-ئابرۇيلۇق كىشىلەر ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان بولاتتۇق، دەيدۇ. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى ماقامغا ئىگە دەپ ساناپ، ئەگەر بۇ دىن ئاللاھ تەرەپتىن بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇنى قوبۇل قىلىشتا كەينىدە قالدۇرۇپ قويمىغان بولاتتى، بىزنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلىقىمىز ئۇنىڭ «قەدىمىي ئويدۇرما» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىشتى. دېمەك ئۇلار قۇرئاننى «قەدىمىي ئويدۇرما» دېدى، ھەتتا ئۇنى «ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى» دەپمۇ ئۇلگۇردى. ۋەھالەنكى، دۇنيادا پۇل-مېلى كۆپ بولغانلىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۈز ئابرۇيلۇق بولغانلىققا دەلىل ئەمەس. ئۇلار ئەنە شۇنداق خاتا قاراشتا قالدى ياكى شەيتان ئۇلارنى شۇنداق خاتا ئىدىيەگە گىرىپتار قىلدى. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېتىبارلىق بولۇش ئۈچۈن ئىمان ۋە ئىخلاس زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا ئىمان ۋە ئىخلاسنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، شۇنىڭدەك مال-دۇنيانى خالىغان كىشىگە سىناش ئۈچۈن بېرىدۇ.

وَمِن قَبْلِهِۦ كِتَـٰبُ مُوسَىٰٓ إِمَامًا وَرَحْمَةً ۚ وَهَـٰذَا كِتَـٰبٌ مُّصَدِّقٌ

لِّسَانًا عَرَبِيًّا لِّيُنذِرَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ وَبُشْرَىٰ لِلْمُحْسِنِينَ ﴿١٢﴾ إِنَّ
ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسْتَقَٰمُواْ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ
يَحْزَنُونَ ﴿١٣﴾ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا جَزَآءًۢ بِمَا كَانُواْ
يَعْمَلُونَ ﴿١٤﴾ وَوَصَّيْنَا ٱلْإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيْهِ إِحْسَٰنًا ۖ حَمَلَتْهُ أُمُّهُۥ كُرْهًا
وَوَضَعَتْهُ كُرْهًا ۖ

قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇسانىڭ كىتابى (يەنى تەۋرات) يېتەكچى ۋە رەھمەت ئىدى. بۇ (قۇرئان) بولسا ئەرەب تىلىدىكى كىتابتۇر، (ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىقلىغۇچىدۇر، زالىملارنى ئاگاھلاندۇرۇش، (ئەمەل ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن (نازىل قىلىنغاندۇر) [12]. «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن توپتوغرا يولدا بولغانلارغا شەكسىزكى، (ئاخىرەتتە) ھېچبىر قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار (دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلىرىگە ھەرگىز) قايغۇرمايدۇ [13]. ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، (بۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر [14]. بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى①.

① بۇ يەردە مۇشەققەت تىلغا ئېلىنىپ، ئاتا-ئانىغا لايىقىدا خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ھۆكۈم تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن يەنە ئانىنىڭ بۇ لايىقىدا خىزمەت قىلىش بۇيرۇقىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، ئانا ئىنچىل توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ مۇشەققەت تارتسا، تۇغىدىغان چاغدىمۇ يەنە تولغاق مۇشەققىتىنى يالغۇز ئۆزى تارتىدۇ. بۇنىڭدا ئاتىنىڭ شېرىكچىلىكى بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھەدىستىمۇ ئانىغا ياخشىلىق (خىزمىتىنى قىلىش) بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلدى. ئاتىغا ياخشىلىق قىلىش (خىزمىتىنى قىلىش) بولسا ئاندىن كېيىنكى ئورۇنغا قويۇلدى. «بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا كىم ئەڭ لايىق؟ دەپ

سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :سېنىڭ ئاناڭ دېدى، ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى، يەنە ئاناڭ دەپ جاۋاب بەردى، ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ ئوخشاش جاۋاب بەردى، تۆتىنچى قېتىم سورىغاندا :ئاتاڭ دەپ جاۋاب بەردى.» (سەھىھ مۇسلىم 2548-ھەدىس)

وَحَمْلُهُۥ وَفِصَٰلُهُۥ ثَلَٰثُونَ شَهْرًا ۚ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَبَلَغَ أَرْبَعِينَ
سَنَةً قَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِىٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ وَعَلَىٰ
وَٰلِدَىَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَصْلِحْ لِى فِى ذُرِّيَّتِىٓ ۖ إِنِّى تُبْتُ
إِلَيْكَ وَإِنِّى مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿١٥﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ نَتَقَبَّلُ عَنْهُمْ أَحْسَنَ
مَا عَمِلُوا۟ وَنَتَجَاوَزُ عَن سَيِّـَٔاتِهِمْ فِىٓ أَصْحَٰبِ ٱلْجَنَّةِ ۖ وَعْدَ ٱلصِّدْقِ
ٱلَّذِى كَانُوا۟ يُوعَدُونَ ﴿١٦﴾ وَٱلَّذِى قَالَ لِوَٰلِدَيْهِ أُفٍّ لَّكُمَآ أَتَعِدَانِنِىٓ أَنْ
أُخْرَجَ

ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر①. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، 40 ياشقا يەتكەندە②، (ئۇ): «ئى رەببىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىمنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن③، مەن ئۈچۈن ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى ئەۋلادىمنى ياخشى كىشىلەردىن قىلغىن)، مەن راستىنلا ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، شەكسىزكى، مەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن» دەيدۇ [15]. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز. ئۇلار (ئاللاھ يامان ئىشلىرىنى كەچۈرگەن) جەننەت ئەھلىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، (بۇ) ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر [16]. بەزىلەر (يەنى فاجىر بالا ئاتا - ئانىسى ئىمانغا دەۋەت قىلسا) ئاتا - ئانىسىغا: «ئۇف! (ئوھۇي، ئوھۇش! دەپ بىزارلىقنى ئىپادىلەيدۇ)④، سىلەر مېنى (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ قەبرەمدىن) چىقىرىلىسەن دەپ قورقۇتۇۋاتامسىلەر؟

① ﴿فِصَٰلُ﴾ سۈتتىن ئايرىش دېمەكتۇر. بەزى ساھابىلەر بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ھامىلدارلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن مۇددىتىنى ئالتە ئاي دەپ كۆرسەتتى. يەنى بىر ئايال توي قىلىپ، ئالتە ئايدىن كېيىن يەڭگىسە، تۇغۇلغان بالا ھالالدىن بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن يامان گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىم ئېمىتىش مۇددىتىنى ئىككى يىل) يەنى 24 ئاي) بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. 30 ئايدىن 24 ئاينى ئېلىۋەتسە ئالتە ئاي قالىدۇ. بۇ دەل ھامىلدارلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن مۇددىتى بولىدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە لوقمان 14-ئايەت ۋە سۈرە بەقەرە 233-ئايەتلەردە بايان قىلىندى.

② «كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان ۋاقىت» دېگەندىن ياشلىق مەزگىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى 18ياشقا تولغان ۋاقىت دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۆسۈپ قۇرامىغا يېتىپ 40 ياشقا كىرىدۇ، بۇ ئىنساننىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى كامالەتكە يەتكەن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ھەربىر پەيغەمبەر 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىنلا پەيغەمبەر قىلىنغان. (فەتھۇلقەدىر)

③ ﴿أَوۡزِعۡنِيٓ﴾ دېگەن " أَلۡهِمۡنِيٓ " «ئىلھام قىلغىن، يەنى مېنى مۇۋەپپەق قىلغىن» دېگەن مەنىدە. بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: ئىنسان 40 ياشقا يەتكەندىن كېيىن مەزكۇر ئايەتتىكى دۇئانى ئوقۇپ تۇرۇش كېرەك.

④ يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاتا-ئانىغا لايىقىدا خىزمەت قىلىدىغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن خەيرلىك دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سائادەتمەن پەرزەنتلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئاتا-ئانىغا بويسۇنمايدىغان بەختسىز، سەركەش پەرزەنتلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ﴿أُفّٖ لَّكُمَآ﴾ «سىلەرگە ئەپسۇس! مەن سىلەردىن زېرىكتىم»، «ئۇف! (ئوھۇي، ئوھۇش!)» دېگەن سۆز نارازىلىقنى ۋە زېرىككەنلىكنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. يەنى ئىتائەتسىز بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرى ياكى ئىمانغا ۋە ياخشى ئەمەلگە ئۈندەپ قىلغان دەۋەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ، غەزەپلەنگەنلىكتىن ئاشۇنداق سۆزنى دەيدۇ. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بۇنداق سۆزنى قىلىشى قەتئىي توغرا ئەمەستۇر. بۇ ئايەتتىكى ئاگاھلاندۇرۇش ئومۇمىي بولۇپ، ھەر قانداق ئاتا-ئانىغا بويسۇنمايدىغان بالىغا قارىتىلغان.

وَقَدۡ خَلَتِ ٱلۡقُرُونُ مِن قَبۡلِي وَهُمَا يَسۡتَغِيثَانِ ٱللَّهَ وَيۡلَكَ ءَامِنۡ
إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ فَيَقُولُ مَا هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٧﴾ أُوْلَٰٓئِكَ
ٱلَّذِينَ حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ فِيٓ أُمَمٖ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِم مِّنَ
ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ خَٰسِرِينَ ﴿١٨﴾ وَلِكُلّٖ دَرَجَٰتٞ مِّمَّا عَمِلُواْۖ
وَلِيُوَفِّيَهُمۡ أَعۡمَٰلَهُمۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿١٩﴾ وَيَوۡمَ يُعۡرَضُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ عَلَى ٱلنَّارِ

***(مەندىن ئىلگىرى) نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتتى (ئۇلاردىن تىرىلگەن ھېچ ئادەم يوق)» دەيدۇ①، ئۇ ئىككىسى (يەنى ئاتا ـ ئانىسى) ئاللاھقا پەرياد قىلىپ، (ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى) تىلەپ، (ئۇنىڭغا): «ئىسىت ساڭا! ئىمان ئېيتقىن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر» دېگەندە، ئۇ: «بۇ پەقەت ئاۋۋالقىلاردىن قالغان بىر ئەپسانىدۇر» دەيدۇ② [17]. ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان ئۈممەتلەر قاتارىدا③ (ئاللاھنىڭ ئازابلايدىغانلىقى ھەققىدىكى) ھۆكمى تېگىشلىك بولدى④. ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلار ئىدى [18]. (مۇئمىنلەر ۋە كاپىرلاردىن) ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا دەرىجىلىرى بولىدۇ⑤، (بۇ) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (نىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى) تولۇق بېرىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ⑥ [19]. كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە⑦ (ئۇلارغا ئەيىبلەش يۈزىسىدىن دېيىلىدۇكى):***

① دېمەك ئۇلار تىرىلىپ بۇ دۇنياغا كەلمىدى، دەيدۇ. ۋەھالەنكى، تىرىلىش قىيامەت كۈنى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

② ئاتا-ئانا مۇسۇلمان بولۇپ، بالىلىرى كاپىر بولسا، ئۇلار ئارىسىدا مۇشۇنداق مۇنازىرە ۋە دەتالاش بولىدۇ. بۇ ئايەتتە شۇنىڭ بىر نەمۇنىسى بايان قىلىندى.

③ يەنى بۇلارغىمۇ قىيامەت كۈنى زىيان تارتىدىغان ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن بولغان كاپىرلار قاتارىدا، ئاللاھنىڭ (ئازاب قىلىش) ھۆكمى

ھەقلىق بولدى.

④ چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئىشلارنى ئىلگىرىدىنلا بىلەتتى. بۇ يەردىكى ئازاب قىلىش ھۆكمى شەيتاننىڭ سۆزىگە ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن جاۋابىدا تىلغا ئېلىنغان ھۆكۈمنى كۆرسىتىدۇ: ﴿سەن بىلەن ۋە ئۇلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن»﴾. (سۈرە ساد 85-ئايەت)

⑤ مۇئمىن ۋە كاپىر ھەر ئىككىسىنىڭ قىلمىشىغا يارىشا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا دەرىجىسى بولىدۇ. مۇئمىن جەننەتتىكى ئالىي دەرىجىلىك ماقامغا ئېرىشىدۇ. كاپىر بولسا دوزاختىكى ئەڭ چوڭقۇر ئازگالدا بولىدۇ.

⑥ گۇناھكارغا ئۇنىڭ جىنايىتىدىن ئارتۇق جازا بېرىلمەيدۇ. ياخشىغا بېرىلىدىغان ساۋابمۇ كېمىيىپ كەتمەيدۇ. ھەر ئىككىسى قانچىلىك مۇكاپات ياكى جازاغا لايىق بولسا، شۇنچىلىك بېرىلىدۇ.

⑦ يەنى كاپىرلارنىڭ كۆزلىرىدىكى پەردە ئېلىۋېتىلىدىغان، ئۇلار دوزاخنىڭ ئوتىنى كۆرىدىغان ياكى دوزاخقا يېقىن بولىدىغان چاغنى ياد ئەتكىن. بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿يُعْرَضُ﴾ دېگەن سۆزنى " يُعَذَّبُ " دېگەن مەنىدە دەپ ئېلىپ، ئايەتنى «كاپىرلار دوزاختا ئازابلىنىدىغان كۈندە» دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر جۈملە تەركىبىدە ئىلگىرى-كېيىنلىك بار دەپ قاراپ، ئۇنى «دوزاخ كاپىرلارغا توغرىلىنىدىغان كۈندە» دەپ شەرھلەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

أَذْهَبْتُمْ طَيِّبَٰتِكُمْ فِى حَيَاتِكُمُ ٱلدُّنْيَا وَٱسْتَمْتَعْتُم بِهَا فَٱلْيَوْمَ تُجْزَوْنَ عَذَابَ ٱلْهُونِ بِمَا كُنتُمْ تَسْتَكْبِرُونَ فِى ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَبِمَا كُنتُمْ تَفْسُقُونَ ﴿٢٠﴾ ۞ وَٱذْكُرْ أَخَا عَادٍ إِذْ أَنذَرَ قَوْمَهُۥ بِٱلْأَحْقَافِ وَقَدْ خَلَتِ ٱلنُّذُرُ مِنۢ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِۦٓ أَلَّا تَعْبُدُوٓا۟ إِلَّا ٱللَّهَ

*«سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى دۇنيادىكى ھاياتىڭلاردا بەھرىمەن بولۇپ*

*تۈگىتىپ بولدۇڭلار① ، سىلەر يەر يۈزىدە ئورۇنسىز چوڭچىلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە (ئىماندىن باش تارتىپ) ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقىڭلار سەۋەبلىك، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر»② [20]. (ئى پەيغەمبەر!) ئاد قەۋمىنىڭ قېرىندىشى (يەنى ھۇد)نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئەھقاف (دېگەن يەر)دىكى قەۋمىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغان ئىدى③ ، ئۇنىڭدىن (يەنى ھۇدتىن) ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتتى. (ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ): «سىلەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار،*

① ﴿طَيِّبٰتِ﴾ دېگەندە ئىنسان زوق بىلەن يەيدىغان، ئىچىدىغان، ئىستېمال قىلىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق لەززەت ۋە ھۇزۇر ھېس قىلىدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر مۆمىن ئىنسان بۇ نەرسىلەرنى ئاخىرەتنى كۆزلەپ ئىستېمال قىلسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى يەنى ساۋابى بولىدۇ. خۇددى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر بەجا كەلتۈرگەن مۆمىن ساۋابقا ئېرىشكەندەك. ئەمما بۇ نەرسىلەرنى ئاخىرەتتىن بىھاجەت بولۇپ تۇرۇپ ئىستېمال قىلىش ئىنساننى سەركەش ۋە ئىتائەتسىز قىلىپ قويىدۇ. خۇددى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغان كاپىرغا ئوخشاش. گەرچە مۆمىن بۇ نېمەتلەرگە ئاللاھقا شۈكۈر قىلغانلىقى ۋە ئىتائەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنە ئاخىرەتتە ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئەۋزەل ۋە ئېسىل نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. كاپىرلارغا بۇ ئايەتتە دېيىلگەندەك ﴿سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى دۇنيادىكى ھاياتىڭلاردا بەھرىمەن بولۇپ تۈگىتىپ بولدۇڭلار﴾ دېيىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى، «سىلەر ھاياتى دۇنيادا ھۇزۇر-ھالاۋەتنى تېتىپ بولدۇڭلار، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ بولدۇڭلار».

② بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولۇشىنىڭ ئىككى سەۋەبى بايان قىلىندى: بىرىنچىسى، ئورۇنسىز تەكەببۇرلۇق قىلىش بولۇپ، ئىنسان تەكەببۇرلۇقىدىن ھەققە بويسۇنۇشتىن باش تارتىدۇ. ئىككىنچىسى، ئىتائەتتىن چىقىش. يەنى ئاقىۋەتىدىن قورقماي گۇناھ قىلىش. بۇ ئىككى ئىللەت ئومۇمەن ھەممە كاپىرلاردا تېپىلىدۇ. مۆئمىنلەر بۇ ئىككى ئىللەتتىن ئۆزلىرىنى ساقلىشى لازىم.

ئەسكەرتىش:

بەزى ساھابە كىراملارنىڭ ئالدىغا ئىسىل نازۇ-نېمەتلەر كەلگەندە بۇ ئايەتنى ئېسىگە ئېلىپ، ئاخىرەتتە بىزگە: سىلەر دۇنيا ھاياتىدا لەززەتلىرىڭلاردىن بەھرىمەن بولۇپ تۈگىتىپ بولغان دېيىلمىسۇن، دەپ ئۇلارنى تەرك ئېتەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ پەرھىزكارلىق ۋە تەقۋادارلىقتا ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىسىل نازۇ-نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشنى جايىز ئەمەس دەپ قارىغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى.

③ ﴿اَحْقَافِ﴾ "حِقْبٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قۇمدىن ھاسىل بولغان ئېگىز تاغلار دېگەن مەنىدە. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: تاغ ۋە غار مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. «ئەھقاب» دېگەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاد – ئەۋۋەلقى ئاد قەۋمى – ياشىغان يۇرتنىڭ نامى ئىدى. بۇ يۇرت يەمەندىكى «ھەزرەمەۋت» دېگەن يەرگە يېقىن ئىدى. بۇ ئايەتتە مەككە كاپىرلىرىنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقىغا قارىتا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ.

إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿٢١﴾ قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِتَأۡفِكَنَا
عَنۡ ءَالِهَتِنَا فَأۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٢٢﴾ قَالَ
إِنَّمَا ٱلۡعِلۡمُ عِندَ ٱللَّهِ وَأُبَلِّغُكُم مَّآ أُرۡسِلۡتُ بِهِۦ وَلَٰكِنِّيٓ أَرَىٰكُمۡ
قَوۡمٗا تَجۡهَلُونَ ﴿٢٣﴾ فَلَمَّا رَأَوۡهُ عَارِضٗا مُّسۡتَقۡبِلَ أَوۡدِيَتِهِمۡ قَالُواْ هَٰذَا
عَارِضٞ مُّمۡطِرُنَاۚ بَلۡ هُوَ مَا ٱسۡتَعۡجَلۡتُم بِهِۦۖ رِيحٞ فِيهَا عَذَابٌ
أَلِيمٞ ﴿٢٤﴾

*مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ (ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلساڭلار) بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېگەن ئىدى① [21]. ئۇلار (ئاد قەۋمى): «(ئى ھۇد!) سەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن توسقىلى كەلدىڭمۇ؟② ئەگەر سەن (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن*

***بولساڭ، سەن بىزگە بىزنى قورقۇتۇۋاتقان (شۇ) ئازابنى كەلتۈرۈپ باققىن» دېدى [22]. ھۇد: «(ئازابنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى) مەلۇمات پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن سىلەرگە پەقەت ماڭا ئەۋەتىلگەن ۋەھيىنىلا يەتكۈزىمەن③. ئەمما مەن سىلەرنى جاھىللىق قىلىۋاتقان قەۋم دەپ قارايمەن» دېدى④ [23]. ئۇلار (ئازابنى كۆتۈرۈپ كەلگەن) بۇلۇتنى ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسى تەرەپكە سۈرۈلۈۋاتقان ھالدا كۆرۈپ: «مانا بۇ بىزگە يامغۇر ئېلىپ كەلگەن بۇلۇتتۇر» دېيىشتى⑤. (ھۇد ئېيتتى) «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر⑥، ئۇ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بار بولغان بوراندۇر⑦ [24].***

① «بۈيۈك كۈننىڭ ئازابى» دېگەندىن قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ كۈننىڭ دەھشەتتى ۋە قاتتىقلىقىدىن «بۈيۈك كۈن» دەپ ئاتالغان.

② ﴿لِتَأْفِكَنَا﴾ " لِتَصْرِفَنَا، لِتَمْنَعَنَا، لِتُزِيْلَنَا " دېگەن مەنىدە، يەنى بىزنى مەبۇدلارغا چوقۇنۇشتىن چەكلەش، توسۇش، توختىتىش ۋە قايتۇرۇش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟

③ يەنى ئازاب دۇنيادا كېلەمدۇ ياكى سىلەرنى ئازابلاشنى ئاخىرەتكە قالدۇرامدۇ، بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بۇ ئىشتا ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت يەتكۈزۈپ قويۇشتۇر.

④ يەنى سىلەر جاھىللىق قىلىۋاتىسىلەر. بىرىنچىدىن: سىلەر كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋاتىسىلەر. ئىككىنچىدىن: مەندىن مېنىڭ ئىلكىمدە بولمىغان نەرسىنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر.

⑤ ئۇزۇن زاماندىن بېرى ئۇلارغا يامغۇر ياغمىغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ، يامغۇر ياغىدىغان بولدى دەپ، خۇرسەن بولۇشتى. بۇ يەردە بۇلۇت «سۈرۈلۈۋاتقان» دەپ سۈپەتلەندى، چۈنكى بۇلۇت ئاسماندا سۈرۈلۈۋاتقان ھالدا كۆرۈلىدۇ.

⑥ يەنى ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دېدىكى، بۇ سىلەر ئويلىغاندەك بۇلۇت ئەمەس، بەلكى بۇ سىلەر تېزراق كېلىشىنى ئارزۇ قىلغان ئازابتۇر.

⑦ يەنى شۇ بوران بىلەن ئۇلار ھالاك قىلىندى. ئۇ بوران ئەنە شۇ بۇلۇتلاردىن كەلدى ۋە چىقتى. ئۇ بوران ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بۇ قەۋمنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ھالاك قىلىۋەتتى. شۇ ۋەجىدىن بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! كىشىلەر بۇلۇتنى كۆرسىلا يامغۇر يېغىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ خۇشال بولىدىكەن. لېكىن، سەن بۇلۇتنى كۆرسەڭ، چىرايىڭنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرىمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئى ئائىشە! مەن قانداقمۇ ئۇ بۇلۇتتا ئازاب يوق دېيەلەيمەن؟ قەۋملەردىن بىرى ھەقىقەتەن بوران بىلەن ھالاك قىلىنغان، ئۇ قەۋم ئازاب بار بۇلۇتنى كۆرگەندە: ﴿مانا بۇ بىزگە يامغۇر ئېلىپ كەلگەن بۇلۇتتۇر﴾ دېيىشكەن ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى. (سەھىھۇل بۇخارى 4829-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 899-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بوران چىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سەندىن بوراننىڭ ياخشى بولۇشىنى، بوراندىكى ياخشىلىقنى ۋە بوران ئەۋەتىلگەن نەرسىدىكى ياخشىلىقنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ بوراننىڭ يامان بولۇپ قېلىشىدىن ۋە بوران بىلەن ئەۋەتىلگەن نەرسىدىكى يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى. ئەگەر ھاۋا تۇتۇلۇپ چاقماق چاققىلى تۇرسا، چىرايى ئۆزگىرىپ كېتەتتى-دە، سىرتقا چىقاتتى، ئۆيگە كىرەتتى، ئۇيان-بۇيان ماڭاتتى. ئەگەر يامغۇر ياغسا، ئاندىن كۆڭلى خاتىرجەم بولاتتى. (سەھىھ مۇسلىم 899-ھەدىس)

تُدَمِّرُ كُلَّ شَيۡءِۭ بِأَمۡرِ رَبِّهَا فَأَصۡبَحُواْ لَا يُرَىٰٓ إِلَّا مَسَٰكِنُهُمۡۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ٢٥ وَلَقَدۡ مَكَّنَّٰهُمۡ فِيمَآ إِن مَّكَّنَّٰكُمۡ فِيهِ وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ سَمۡعٗا وَأَبۡصَٰرٗا وَأَفۡـِٔدَةٗ فَمَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُمۡ سَمۡعُهُمۡ وَلَآ أَبۡصَٰرُهُمۡ وَلَآ أَفۡـِٔدَتُهُم مِّن شَيۡءٍ إِذۡ كَانُواْ يَجۡحَدُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ٢٦

***ئۇ (بوران) رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىدۇ». شۇنىڭ بىلەن (ئۇلار ھالاك بولۇپ، ئۇ يەردە) ئۇلارنىڭ***

*(خارابىگە ئايلانغان) ئۆي ـ ماكانلىرىدىن (يەنى ماكانلىرىنىڭ ئىزىدىن) باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى①. بىز گۇناھكار قەۋمنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز [25]. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى ئاد قەۋمنى) سىلەرگە بەرمىگەن (كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە بايلىق قاتارلىق) نەرسىلەرگە ئىگە قىلغان ئىدۇق. (ئۇلارنىڭ شۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق نېمەتلەرنى بەرگۈچى ئاللاھنى تونۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە قەلبلىرى ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى②. ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىۋالدى③ [26].*

① يەنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھالاك بولدى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىلا ئىبرەت بەلگىسى سۈپىتىدە ساق قالدى.

② بۇ يەردە مەككە ئەھلىگە خىتاب قىلىنىۋاتىدۇكى، سىلەر ھېچنەرسە ئەمەس. سىلەردىن ئىلگىرى بىز ھالاك قىلغان قەۋملەر كۈچ ـ قۇۋۋەتتە سىلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىقتىدار (كۆز، قۇلاق، دىل)لارنى ھەقنى ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئىشلەتمىدى. ئاخىرى بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ھېچنەرسىگە ئەسقاتمىدى.

③ يەنى ئۇلار ئازابنىڭ كېلىشىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپ، مەسخىرە قىلغان ھالدا: بىزنى قورقۇتقان ئازابىڭنى كەلتۈرۈپ باققىن، دەيتتى. مانا ئۇ ئازاب كەلدى، ئازاب ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن ئوراپ ئالدىكى، ئۇنىڭدىن ھېچكىم سىرتتا قالمىدى ۋە قاچالمىدى.

وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا مَا حَوْلَكُم مِّنَ ٱلْقُرَىٰ وَصَرَّفْنَا ٱلْـَٔايَٰتِ لَعَلَّهُمْ
يَرْجِعُونَ ﴿٢٧﴾ فَلَوْلَا نَصَرَهُمُ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ قُرْبَانًا
ءَالِهَةًۢ ۖ بَلْ ضَلُّوا۟ عَنْهُمْ ۚ وَذَٰلِكَ إِفْكُهُمْ وَمَا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٢٨﴾ وَإِذْ
صَرَفْنَآ إِلَيْكَ نَفَرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ يَسْتَمِعُونَ ٱلْقُرْءَانَ

*(ئى مەككە ئاھالىسى!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق①، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى (ھەرخىل ئۇسۇلدا) قايتا ـ قايتا بايان قىلدۇق② [27]. ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) يېقىنلىق ئىزدەيمىز دەپ ئاللاھتىن باشقا تۇتقان مەبۇدلىرى (ئازاب كەلگەندە) ئۇلارغا نېمىشقا ياردەم قىلمىدى؟ بەلكى ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلاردىن غايىب بولدى. بۇ (يەنى بۇتلار ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ دېگەن سۆز ئەسلىدە) ئۇلارنىڭ (توقۇپ چىقارغان) ئويدۇرمىسىدۇر ۋە (ئاللاھقا) چاپلىغان بوھتانلىرىدۇر③ [28]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى سېنىڭ يېنىڭغا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتكەن ئىدۇق④،*

① مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەر ئاد، سەمۇد ۋە لۇت قەۋملىرىنىڭ يۇرتلىرى ئىدى. ئۇلار ھىجاز رايونىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار يەمەن، شام ۋە پەلەستىنگە بېرىپ-كېلىشتە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدىن ئۆتەتتى.

② يەنى بىز ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ ھەر خىل ئۇسۇلدا تۈرلۈك دەلىللەرنى كۆرسەتتۇق. لېكىن، ئۇلار قىلمىشلىرىدىن ھېچ يانمىدى.

③ يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشتا ۋاستە بولىدۇ دەپ قارىغان مەبۇدلىرى ئۇلارغا ھېچ ياردەم قىلمىدى، ھەتتا ئۇلار بۇ يەرگە كەلمىدى، كۆزدىن غايىب بولدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مەككە مۇشرىكلىرى بۇتلارنى ئىلاھ دەپ قارىمايتتى، بەلكى ئۇلارنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە دەپ قارايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇ ۋاستىنى بۇ يەردە ئۇلارنىڭ «ئويدۇرمىسى» ۋە «بوھتانلىرى» دەپ ئىپادىلەش ئارقىلىق ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەردىكى، بۇنداق ۋاستە جايىز ئەمەس، ھارامدۇر.

④ سەھىھ مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ ۋەقە مەككىگە يېقىن نەخلە ۋادىسىدا يۈز بەرگەن. ئۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ناماز بامداتنى ئوقۇۋاتاتتى، شۇ چاغدا جىنلار ئەھۋال ئىگىلەپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. جىنلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بىزنىڭ ئاسمانغا ئۆرلىشىمىزگە قارىتا قاتتىق توسالغۇ ۋە چەكلىمىلەر قويۇلدى، ئەمدى ئاسمانغا ئۆرلەش مۇمكىن بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا يەر يۈزىدە

ناھايىتى مۇھىم بىر ۋەقە يۈز بەرگەن، شۇ ۋەجىدىن ئاسمانغا ئۆرلەش چەكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توپ-توپ بولۇپ، مەغرىب ۋە مەشرىقنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن تارالدى. ئۇلاردىن بىر توپ جىن بۇ يەرگە كېلىپ قۇرئاننى تىڭشىدى ۋە بىزنىڭ ئاسمانغا ئۆرلىشىمىزگە توسقۇن بولغان ئىش مۇشۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىكەن دەپ چۈشەندى. بۇ بىر توپ جىن كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتتى ۋە قايتىپ بېرىپ ئۆز قەۋمىگە يەتكۈزدى. (سەھىھ مۇسلىم 449-450-ھەدىس) بەزى ھەدىسلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنلارغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىغىمۇ بارغان، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن. بىر قانچە قېتىم جىنلارمۇ توپ-توپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ھازىر بولغان. (فەتھۇلبارى، تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە باشقا ئەسەرلەر)

فَلَمَّا حَضَرُوهُ قَالُوٓاْ أَنصِتُواْۖ فَلَمَّا قُضِيَ وَلَّوۡاْ إِلَىٰ قَوۡمِهِم مُّنذِرِينَ ٢٩
قَالُواْ يَٰقَوۡمَنَآ إِنَّا سَمِعۡنَا كِتَٰبًا أُنزِلَ مِنۢ بَعۡدِ مُوسَىٰ مُصَدِّقٗا
لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ يَهۡدِيٓ إِلَى ٱلۡحَقِّ وَإِلَىٰ طَرِيقٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٣٠ يَٰقَوۡمَنَآ
أَجِيبُواْ دَاعِيَ ٱللَّهِ وَءَامِنُواْ بِهِۦ يَغۡفِرۡ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمۡ وَيُجِرۡكُم
مِّنۡ عَذَابٍ أَلِيمٖ ٣١ وَمَن لَّا يُجِبۡ دَاعِيَ ٱللَّهِ فَلَيۡسَ بِمُعۡجِزٖ فِي
ٱلۡأَرۡضِ

*ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر-بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى① [29]. ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى كىتابلار)نى تەستىقلايدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان بىر كىتاب (قۇرئان)نى تىڭشىدۇق [30]. ئى قەۋمىمىز! ئاللاھنىڭ دەۋەتچىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا*

***ئىمان ئېيتىڭلار②، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ گۇناھىڭلاردىن بىر قىسمىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ»③ [31]. كىمكى ئاللاھنىڭ دەۋەتچىسىنىڭ (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ) دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئۇ يەر يۈزىدە ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ④،***

① يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى تامام بولغاندا قايتىپ كېتىشتى.

② بۇ جىنلار ئۆز قەۋمىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى قۇرئان كەرىم ھەققىدە: بۇ تەۋراتتىن كېيىن نازىل قىلىنغان، ھەق دىن ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان يەنە بىر سەماۋى كىتابتۇر، دېگەن ئىدى.

③ ئۇلار يەنە قەۋمىگە ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ئىماننىڭ پايدىسىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. ﴿مِنْ ذُنُوبِكُمْ﴾دىكى ﴿مِنْ﴾ «بىر قىسمى» دېگەننى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن يەنى بىر قىسىم گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى «بىر قىسىم گۇناھلار» ئاللاھنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك گۇناھلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بەندىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك گۇناھلار، ھەق ئىگىلىرى ئۆزلىرى كەچۈرمىگۈچە، ئەپۇ قىلىنمايدۇ. بۇ ئايەت ساۋابقا ئېرىشىش، جازالىنىش، بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش، چەكلىمىلەردىن ساقلىنىش قاتارلىقلاردا جىنلارغىمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئەھكاملار بېرىلگەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئاللاھ تائالا جىنلارغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتتىمۇ-يوق؟ بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. قۇرئاننىڭ زاھىرى ئايەتلىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، جىنلارغا جىنلاردىن ئايرىم پەيغەمبەر ئەۋەتىلگىنى يوق، بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىنسانلاردىن بولغان. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنىلا پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيي قىلدۇق﴾. (سۈرە نەھل 43-ئايەت) ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾. (سۈرە فۇرقان 20-ئايەت) بۇ ئايەتلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنسانلاردىن بولغانلىقىنى ئۇچۇق

كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەندەك، جىنلارغىمۇ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردى. قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى جىنلارغا يەتكۈزۈش بۇ جايدا ئەنە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

④ يەنى زېمىن ھەر قانچە كەڭ بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ بىر يەرگە كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ كۈچ - قۇدرىتى پۈتۈن ئەتراپنى قورشاپ تۇرىدۇ.

وَلَيْسَ لَهُۥ مِن دُونِهِۦٓ أَوْلِيَآءُ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ فِى ضَلَـٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٣٢﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَلَمْ يَعْىَ بِخَلْقِهِنَّ بِقَـٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يُحْـِۧىَ ٱلْمَوْتَىٰ ۚ بَلَىٰٓ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٣٣﴾ وَيَوْمَ يُعْرَضُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ عَلَى ٱلنَّارِ أَلَيْسَ هَـٰذَا بِٱلْحَقِّ ۖ قَالُوا۟ بَلَىٰ وَرَبِّنَا ۚ قَالَ فَذُوقُوا۟ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٣٤﴾ فَٱصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُو۟لُوا۟ ٱلْعَزْمِ مِنَ ٱلرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِل لَّهُمْ ۚ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَ مَا يُوعَدُونَ لَمْ يَلْبَثُوٓا۟ إِلَّا سَاعَةً مِّن نَّهَارٍ ۚ بَلَـٰغٌ ۚ فَهَلْ يُهْلَكُ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْفَـٰسِقُونَ ﴿٣٥﴾

*(ئازاب كەلگەندە) ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا (ئازابتىن ساقلىغۇچى) ياردەم قىلغۇچى چىقمايدۇ①. ئەنە شۇلار (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغانلار) ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر [32]. ئۇلار (يەنى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ (نېمىشقا قادىر بولمىسۇن؟) ئەلۋەتتە قادىردۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر② [33]. كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا): «بۇ (يەنى سىلەر تېتىۋاتقان ئازاب) راست ئەمەسمىكەن؟» (دېيىلىدۇ) ئۇلار: «رەببىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى،*

***ئەلۋەتتە راست ئىكەن» دەيدۇ③ . ئاللاھ (ئۇلارغا): «ئۇنداقتا، ئىنكار قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ④ [34]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر چىدامچان بولغاندەك چىدامچان بولغىن⑤، ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا كېلىدىغان ئازابقا) ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەندە، (دۇنيادا) گويا كۈندۈزنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىلا (ئاز مۇددەت) تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ⑥، (بۇ قۇرئان سىلەرگە يەتكۈزۈلىدىغان) تەبلىغدۇر (يەنى ئۇقتۇرۇشتۇر)⑦، پەقەت ئاللاھنىڭ ئەتائەتىدىن چىققان قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ⑧ [35].***

① ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان مەدەتكارمۇ بولمايدۇ. دېمەك، ئۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا قادىر ئەمەس، نە باشقىلارغا ياردەم قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

② ﴿أَوَلَمْ يَرَوْا﴾ «كۆرمەمدۇ؟» دېگەن پېئىل " أَلَمْ يَعْلَمُوْا يَا أَلَمْ يَتَفَكَّرُوْا " «بىلمەمدۇ ياكى تەپەككۇر قىلمامدۇ؟» دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ يەردىكى كۆرۈشتىن دىلنىڭ كۆرۈشى مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنى ئۇلار بىلمەمدۇكى، كەڭلىكىنىڭ چېكى يوق ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا ھېرىپ قالمىغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرەلمەمدۇ؟ نېمىشقا تىرىلدۈرەلمىسۇن؟ ئەلۋەتتە تىرىلدۈرەلەيدۇ. چۈنكى، «ھەممە نەرسىگە قادىر» دېگەن ئۇنىڭلا سۈپىتىدۇر.

③ ئۇ يەردە ئۇلار ئېتىراپ قىلىپلا قالماستىن يەنە ئېتىراپ قىلغانلىقىنى قەسەم بىلەن كۈچلەندۈرۈپ تەكىتلەيدۇ. لېكىن، بۇ چاغدا ئېتىراپ قىلغانلىقنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، كۆز بىلەن كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئېتىراپ قىلغانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ كۆز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، ئېتىراپ قىلماي يەنە ئىنكار قىلامدۇ؟

④ چۈنكى، ئۇلار ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىتتا قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغان ئىدى. بۇ ئازاب ئەنە شۇ كاپىر بولغانلىق ۋە ئىنكار قىلغانلىقنىڭ جازاسىدۇر. ئەمدى بۇ ئازابنى تېتىماقتىن باشقا يول يوقتۇر.

⑤ بۇ ئايەتتە مەككە كاپىرلىرىنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەسىگە قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ ۋە سەۋر قىلىشقا يەنى چىدامچان بولۇشقا تەۋسىيە قىلىنىۋاتىدۇ.

⑥ قىيامەتنىڭ قاتتىق ئازابىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا دۇنيا ھاياتى پەقەت بىر قانچە سائەت تۇرۇپ كەلگەندەك قىسقا بىلىنىدۇ.

⑦ بۇ جۈملىدىن قالدۇرۇلغان ئىبگىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، " هَـذَا الَّذِيْ وَعَظْتَهُـمْ بِـهِ بَـلَاغٌ " مەنىسى، بۇ سەن ۋەز-نەسىھەت قىلىپ ئېيتقان سۆزلەر تەبلىغدۇر - ئۇقتۇرۇشتۇر يەنى بۇ يەتكۈزۈش سېنىڭ ئۈستۈڭگە يۈكلەنگەن تەبلىغ ۋە نەسىھەتتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

⑧ بۇ ئايەتتىمۇ مۇئمىنلەرگە خۇش بېشارەت ۋە رىغبەت باردۇر. چۈنكى، ئاخىرەتتىكى ھالاكەت ۋە مەغلۇبىيەت پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلمىغانلارنىڭ قىسمىتىدۇر.

# سۈرە مۇھەممەد

| (٤٧) سورة محمد مدنية ٣٨ آية | (47) سۈرە مۇھەممەد مەدىنىدە چۈشكەن 38 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ أَضَلَّ أَعۡمَٰلَهُمۡ ۝١ وَٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَءَامَنُواْ بِمَا نُزِّلَ عَلَىٰ مُحَمَّدٖ وَهُوَ ٱلۡحَقُّ
مِن رَّبِّهِمۡ

***كاپىر بولغانلار① ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋېتىدۇ② [1]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا③ ــ قۇرئان ئۇلارنىڭ رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقتۇر ــ ئىمان ئېيتقانلارغا كەلسەك،***

★ بۇ سۈرە يەنە سۈرە قىتال (ئۇرۇش) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

① بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «كاپىر بولغانلار» دېگەندىن قۇرەيش كاپىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېسە، بەزىلەر: ئەھلى كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. لېكىن ئۇ ئومۇمىي بولۇپ، بارلىق كاپىرلار بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

② بۇ ئايەتنىڭ بىر مەنىسى: ئاللاھ كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۈزگەن پىلانلىرىنى بەربات قىلدى، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا ياندۇردى. ئىككىنچى مەنىسى: ئۇلاردا ئەزەلدە بار بولغان بىر قىسىم گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەللەر. مەسىلەن: ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش، ئەسىرلەرنى ئازات قىلىش، مېھماندوستلۇق، خانە كەئبىنىڭ ۋە ھاجىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش قاتارلىق ئەمەللىرىگە ئاخىرەتتە ساۋاب بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە ساۋاب يېزىلمايدۇ.

③ يۇقىرىدىكى «ئىمان ئېيتقان» دېگەنگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيى يەنى قۇرئان كەرىمگە ئىمان ئېيتىش ھەم كىرىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە شان-شەرىپىنى تېخىمۇ نامايەن قىلىش ۋە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئايرىم تىلغا ئېلىندى.

كَفَّرَ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَأَصۡلَحَ بَالَهُمۡ ۝٢ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱتَّبَعُواْ ٱلۡبَٰطِلَ وَأَنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّبَعُواْ ٱلۡحَقَّ مِن رَّبِّهِمۡۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ أَمۡثَٰلَهُمۡ ۝٣ فَإِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَضَرۡبَ ٱلرِّقَابِ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَثۡخَنتُمُوهُمۡ فَشُدُّواْ ٱلۡوَثَاقَ

***ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ①، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلاپ بېرىدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھ قىلمايدۇ)② [2]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى③، كاپىر بولغانلار باتىلغا (يەنى شەيتانغا) ئەگەشتى، ئىمان ئېيتقانلار بولسا، رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشتى. ئاللاھ ئىنسانلارغا (بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدىغان) شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ④ [3]. سىلەر (جەڭ مەيدانىدا) كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا (قىلىچ بىلەن) ئۇرۇڭلار⑤، سىلەر ئۇلارغا ئېغىر زەربە بېرىپ ھالسىراتقان چاغدا، (يەنى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى) مەھكەم باغلاڭلار⑥،***

① يەنى ئۇلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى خاتالىق ۋە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ». يەنى ئەگەر بىر ئادەم مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. (سەھىھ مۇسلىم 121-ھەدىس)

② ﴿بَالَهُمْ﴾نىڭ مەنىسى "أَمْرَهُمْ، شَأْنَهُمْ، حَالَهُمْ" بولارنىڭ ھەممىسى مەنىداش سۆزلەردۇر. يەنى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى، ئەھۋالىنى ياخشىلاپ بېرىدۇ. دېمەك ئۇلارنى گۇناھتىن ساقلاپ، توغرا يولغا باشلايدۇ، خەيرلىك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. بىر مۇئمىن ئۈچۈن ھالىنىڭ مۇشۇ تەرىقىدە ياخشىلانغانلىقى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، مال-دۇنيانى كۆپ بېرىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاپ بېرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، ھەربىر مۇئمىنگە ئۇ قەدەر كۆپ مال-دۇنيا بېرىلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەھۋالنى ياخشىلاپ بېرىشنىڭ كاپالىتى ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ ئوساللىشىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنى ياقتۇرۇپ كەتمىگەن ئىدى.

③ ﴿ذَٰلِكَ﴾ «بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى» بۇ ئېگە ياكى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان ئېگىنىڭ خەۋىرى. بۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇئمىنلەرگە قىلىنغان ۋەدە ۋە كاپىرلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ.

④ يەنى ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى كاپىرلار دۇچار بولىدىغان ئاقىۋەتتىن ساقلانسۇن دەپ، مۇئمىنلەر يۈرۈپ ئەبەدىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغان ھەق يولدا ماڭسۇن دەپ، ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەنە شۇنداق مىساللار بىلەن بايان قىلىدۇ.

⑤ يۇقىرىدا مۇئمىنلەر ۋە كاپىرلاردىن ئىبارەت ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمدى كاپىرلار ۋە ئەھدە قىلىشمىغان ئەھلى كىتابقا قارشى جىھاد قىلىشقا ئەمر قىلىنىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېلار دېمەستىن، «ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا (قىلىچ بىلەن) ئۇرۇۋېلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى، بۇ خىل ئىپادىدە كاپىرلارغا قاتتىق قول بولۇش تېخىمۇ ئوچۇق ئايان بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑥ يەنى ئۇلارنى جەڭ مەيدانىدا قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، كۆپ

قىسمىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قولغا چۈشكەنلەرنى ئەسىرگە ئېلىڭلار ۋە قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى چىڭ باغلاپ ساقلاڭلار.

فَإِمَّا مَنًّۢا بَعۡدُ وَإِمَّا فِدَآءً حَتَّىٰ تَضَعَ ٱلۡحَرۡبُ أَوۡزَارَهَاۚ ذَٰلِكَۖ وَلَوۡ يَشَآءُ ٱللَّهُ لَٱنتَصَرَ مِنۡهُمۡ وَلَٰكِن لِّيَبۡلُوَاْ بَعۡضَكُم بِبَعۡضٖۗ وَٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَلَن يُضِلَّ أَعۡمَٰلَهُمۡ ٤ سَيَهۡدِيهِمۡ وَيُصۡلِحُ بَالَهُمۡ ٥ وَيُدۡخِلُهُمُ ٱلۡجَنَّةَ عَرَّفَهَا لَهُمۡ ٦

***ئاندىن ئۇلارنى (خالىساڭلار) ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار ياكى فىدىيە (يەنى تۆلەم) ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار (ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە)① ، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ياكى سۈلھى بىلەن ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر)② ئىش مانا شۇنداقتۇر③ . ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلاردىن (مۆئمىنلەر ئۈچۈن) ئىنتىقام ئېلىپ بېرەتتى④ ، لېكىن ئاللاھ سىلەرنى بىر-بىرىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن سىلەرگە جىھادنى پەرز قىلدى)⑤ . ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ⑥ [4]. ئاللاھ ئۇلارنى (جەننەتكە) يېتەكلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ⑦ [5]. ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تونۇشتۇرغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا تونۇيدۇ)⑧ [6].***

① ﴿مَنًّا﴾ يەنى ئەسىرلەرگە ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن فىدىيە ئالماستىن ھەقسىز يەنى تۆلەمسىز قويۇۋېتىش ﴿فِدَآءً﴾ ئۇلارنى قويۇپ بېرىش بەدىلىگە ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىش دېمەكتۇر. بۇ يەردە ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئەھۋالغا قاراپ، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قايسى ئەۋزەل بولسا، شۇنى تاللاش ئىختىيارى بېرىلدى.

② يەنى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش تۈگىگەنگە قەدەر. يەنە بىر مەنىسى، ئۇرۇش قىلغۇچى دۈشمەن مەغلۇپ بولغانغا قەدەر ياكى سۈلھى تەلەپ قىلىپ قورال تاشلىغانغا قەدەر ياكى ئىسلام غەلىبە قىلىپ، كۇفرى يوقالغانغا قەدەر ئىش مۇشۇنداقتۇر. دېمەك، مەزكۇر ھالەت شەكىللەنمىگۈچە كاپىرلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇرۇش داۋام قىلىۋېرىدۇ، شۇنىڭغىچە سىلەر ئۇلارنى ھەم ئۆلتۈرىسىلەر، ھەم ئەسىرگە ئالىسىلەر. ئەسىرلەرگە قارىتا يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىنى تاللىساڭلار بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا يول يوق، دەيدۇ. ئەمما توغرىسى شۇكى، بۇ ھۆكمى ئۆزگەرمەيدىغان ئايەتلەردىن بولۇپ، ھۆكمى ئەمەلدىن قالمىغان. ھەر دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى تۆت خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىبىرىنى تاللاش ئىختىيارىغا ئىگە. ئۇ كاپىرلارنى ئۆلتۈرەمدۇ ياكى ئەسىرگە ئالامدۇ، ئەسىرلەردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرەمدۇ ياكى تۆلەمسىز قويۇپ بېرەمدۇ، شارائىتقا قاراپ ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى سىلەر مۇشۇنداق قىلىڭلار. يەنە بىر مەنىسى، ئەنە شۇ كاپىرلارغا قارىتا چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر.

④ يەنى كاپىرلارنى ھالاك قىلىش بىلەن ياكى ئازابقا گىرىپتار قىلىش بىلەن ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالغان بولاتتى. يەنى سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشمۇ زۆرۈر بولمايتتى.

⑤ يەنى سىلەرنى بىر-بىرىڭلار ئارقىلىق سىناپ، ئىچىڭلاردىن كىمنىڭ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغانلىقىنى ئايرىش، بۇ ئارقىلىق سىلەرگە ئەجىر-ساۋاب بېرىش، سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن سىلەرگە جىھادنى پەرز قىلدى.

⑥ يەنى ئۇلارنىڭ ئەجىر-ساۋابىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

⑦ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇكى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا جەننەتنىڭ يولى ئاسان بولىدۇ.

⑧ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەننەتتىكى ماكانلىرىنى، بىركىم كۆرسىتىپ قويمىسىمۇ، تونۇيدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرگەندە، خۇددى ئۆز ئۆيلىرىنى تاپقاندەك، جەننەتتىكى تۇرالغۇلىرىنى ئۇدۇل تېپىپ، داخىل

بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلاردىن بىرى جەننەتتىكى ئۆيىنى دۇنيادىكى ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيىدىنمۇ ئاسان تېپىپ بارىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 6535ـ ھەدىس)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَنصُرُواْ ٱللَّهَ يَنصُرۡكُمۡ وَيُثَبِّتۡ
أَقۡدَامَكُمۡ ﴿٧﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَتَعۡسٗا لَّهُمۡ وَأَضَلَّ أَعۡمَٰلَهُمۡ ﴿٨﴾
ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَرِهُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأَحۡبَطَ أَعۡمَٰلَهُمۡ ﴿٩﴾ ۞ أَفَلَمۡ
يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۖ

*ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ①، قەدىمىڭلارنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلىدۇ② [7]. كاپىرلارنى ئاللاھ ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ [8]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)نى يامان كۆردى③، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلىۋەتتى④ [9]. ئۇلار يەر يۈزىنى كېزىپ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟⑤*

① ئاللاھقا ياردەم بېرىشنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بۇ سەۋەب ئالىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ دىنىغا ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرى ئارقىلىق ياردەم بېرىدۇ. مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇنى يەتكۈزۈش ۋە دەۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. يەنى ئۇلارغا كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. ساھابە كىراملارنىڭ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخى بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر. ئۇلار دىنىنىڭ خادىملىرىغا ئايلانغان ئىدى، ئاللاھمۇ ئۇلارنىڭ مەدەتكارى بولدى. ئۇلار دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرگەن ئىدى، ئاللاھمۇ ئۇلارنى دۇنيادا

غالىبلاردىن قىلدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ﴾. (سۈرە ھەج 40-ئايەت)

② بۇنىڭ بىر مەنىسى، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا نۇسرەت بېرىدۇ، ياردەم قىلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ ياكى قىيامەت كۈنى پىلسىرات (جەھەننەم ئۈستىگە قويۇلغان كۆرۈك) ئۈستىدە قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ.

③ يەنى ئۇلار قۇرئاننى ياقتۇرمىغانلىقى ۋە ئىمانغا كىرىشنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھالاك قىلىندى ۋە ياخشى ئەمەللىرى بىكار قىلىندى.

④ بۇ يەردىكى «ئەمەللەر» خەيرلىك ۋە ساخاۋەتلىك ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئەمەللەرگە ئەجىر-ساۋاب بېرىلمەيدۇ.

⑤ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان يۇرت-ماكانلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا مەۋجۇتتۇر. قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان ۋاقىتلاردا ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ خارابىلىكلىرى مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ خارابىلىكلىرىنى كۆرۈپ، ئىمان ئېيتسۇن دەپ، بۇ ئايەتتە ئۇلارغا يەر يۈزىدە كېزىپ يۈرۈپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋىتىنى كۆزىتىش تەرغىب قىلىندى.

دَمَّرَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡۖ وَلِلۡكَٰفِرِينَ أَمۡثَٰلُهَا ﴿١٠﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ مَوۡلَى
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَأَنَّ ٱلۡكَٰفِرِينَ لَا مَوۡلَىٰ لَهُمۡ ﴿١١﴾ إِنَّ ٱللَّهَ يُدۡخِلُ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ
وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَتَمَتَّعُونَ وَيَأۡكُلُونَ كَمَا تَأۡكُلُ ٱلۡأَنۡعَٰمُ وَٱلنَّارُ
مَثۡوٗى لَّهُمۡ ﴿١٢﴾ وَكَأَيِّن مِّن قَرۡيَةٍ هِيَ أَشَدُّ قُوَّةٗ مِّن قَرۡيَتِكَ ٱلَّتِيٓ
أَخۡرَجَتۡكَ أَهۡلَكۡنَٰهُمۡ فَلَا نَاصِرَ لَهُمۡ ﴿١٣﴾

*ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتى. كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇنداق*

*بولىدۇ① [10]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ مەدەتكارىدۇر، كاپىرلارغا ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر② [11]. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلار بولسا (دۇنيا ھاياتى ۋە ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن بىر ئاز) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ھايۋانلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ③. (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ [12]. (ئى پەيغەمبەر!) سېنى ھەيدەپ چىقارغان شەھەر (مەككە) نىڭ ئاھالىسىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمىدى [13].*

① بۇ يەردە مەككە ئەھلى ئاگاھلاندۇرۇلىۋاتىدۇ. ئەگەر سىلەر كۇفرىدىن باش تارتمىساڭلار، سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىسىلەر. ئىلگىرىكى قەۋملەر ھالاك قىلىنغاندەك، سىلەرمۇ ھالاكەتكە دۇچار بولىسىلەر.

② ھەقىقەتتە ئوھۇد غازىتىدا كاپىرلارنىڭ توۋلىغان شوئارلىرىغا قارشى مۇسۇلمانلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن شوئار توۋلىغان ئىدى. مەسىلەن، كاپىرلار: يۇكسەك بول ھۇبەل! يۇكسەك بول ھۇبەل! (ھۇبەل دېگەن بۇتنىڭ نامى يۇكسەك بولسۇن) دەپ شوئار توۋلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەمسىلەر؟» دېگەن، ئۇلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز نېمە دەيمىز؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ يۇكسەكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر» دەڭلار دېگەن. ئاندىن ئەبۇ سۇفيان: بىزنىڭ ئۇززا بار، سىلەرنىڭ ئۇززايىڭلار يوق، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەمسىلەر؟» دېگەن. ئۇلار: ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! بىز نېمە دەيمىز؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزنىڭ مەدەتكارىمىز ئاللاھتۇر، سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار يوقتۇر دەڭلار» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 4043 ـ ھەدىس)

③ يەنى خۇددى ھايۋانلارنىڭ يەپ ـ ئىچىش ۋە جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇشتىن باشقا ئىشى بولمىغاندەك، كاپىرلارنىڭ ھاياتىكى مەقسىتىمۇ يەپ ـ ئىچىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلار ئاخىرەتتىن

پۈتۈنلەي غەپلەتتىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنە تەركىبىدىن ئۈزە تۈرۈپ تاماق يېيىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىمۇ چىقىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە زىياپەتلەردە ئۆرە تۇرۇپ يەپ-ئىچىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى، بۇنداق قىلىش چاھارپايلارغا ئوخشىغانلىق ۋە كاپىرلارنىڭ ئادىتىنى ئۆزلەشتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ھەدىسلەردە ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىش چەكلەنگەن. بۇنىڭدىن ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى ئېنىق بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھايۋانلاردەك ئۆرە تۇرۇپ يەپ-ئىچىشتىن ساقلىنىش لازىم. (زادۇلمەئادغا قارالسۇن)

أَفَمَن كَانَ عَلَىٰ بَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّهِۦ كَمَن زُيِّنَ لَهُۥ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَهْوَآءَهُم ﴿١٤﴾ مَّثَلُ ٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِى وُعِدَ ٱلْمُتَّقُونَ ۖ فِيهَآ أَنْهَٰرٌ مِّن مَّآءٍ غَيْرِ ءَاسِنٍ وَأَنْهَٰرٌ مِّن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُۥ وَأَنْهَٰرٌ مِّنْ خَمْرٍ لَّذَّةٍ لِّلشَّٰرِبِينَ وَأَنْهَٰرٌ مِّنْ عَسَلٍ مُّصَفًّى ۖ وَلَهُمْ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَمَغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ ۖ كَمَنْ هُوَ خَٰلِدٌ فِى ٱلنَّارِ وَسُقُوا۟ مَآءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَآءَهُمْ ﴿١٥﴾

***رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ئوپئوچۇق دەلىلگە ئاساسلانغان ئادەم (يەنى مۇئمىن) ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەمگە (يەنى كاپىرغا) ئوخشامدۇ؟①***
***[14]. تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان سۇدىن ئۆستەڭلەر②، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر③، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابتىن ئۆستەڭلەر④ ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ⑤،***

① بۇ يەردىكى «يامان ئەمەل» ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك مۇئمىن بىلەن كاپىر باراۋەر بولمايدۇ، ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچى بىلەن مۇشرىك ۋە گۇناھكار باراۋەر بولالمايدۇ. مۇئمىن

ئۇچۇن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەجىر-ساۋاب ۋە جەننەت نېمەتلىرى بار، ئەمما كاپىر ئۇچۇن دوزاخنىڭ دەھشەتلىك ئازابى بار. تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنىدۇ، باشتا تەقۋادارلارغا تەييارلانغان جەننەتنىڭ سۈپەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

② ﴿اٰسِنٍ﴾ ئۆزگىرىدىغان، ﴿غَيْرِاٰسِنٍ﴾ ئۆزگەرمەيدىغان دېگەن مەنىدە. يەنى دۇنيادىكى سۇ بىر جايدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قالسا، رەڭگى ئۆزگىرىپ، پۇرىقى ۋە تەمى باشقىچە بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق سۇ سالامەتلىككە زىيانلىق بولىدۇ. جەننەتتىكى سۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ھەرگىز ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، تەمى، پۇرىقى، رەڭگى ئەسلىدىكى ھالىتىدە تۇرىدۇ. ھەر ۋاقىت ساپ، سۈزۈك، پاك ھالەتتە تۇرىدۇ، قاچان ئىچىلسە، تەنگە راھەت ۋە سالامەتلىك بېغىشلايدۇ. ئەمما، دۇنيادىكى سۇ ئۆزگىرىپ قالىدۇ. شۇڭا شەرىئەت سۇنىڭ رەڭگى ياكى تەمى ئۆزگەرمىسىلا پاك ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر ئۆزگىرىپ قالسا، ناپاك بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن.

③ دۇنيادا تۆگە، كالا، قوي قاتارلىقلاردىن سېغىلغان سۈت بەزىدە سېسىپ قالىدۇ، ئەمما جەننەتتىكى سۈت چارۋىلارنىڭ ئەمچەكلىرىدىن چىقمايدۇ، بەلكى ئۆستەڭلەردىن ئېقىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ناھايىتى تاتلىق بولىدۇ، ھەرگىز سېسىپ قالمايدۇ.

④ دۇنيادىكى شاراب ئومۇمەن ناھايىتى قىرتاق، ئاچچىق، بەتبۇي بولىدۇ، ئۇنى جىقراق ئىچكەن ئادەم ئومۇمەن ئەقلىدىن ئازىدۇ، مەس بولۇپ قالىدۇ، گەپ-سۆزى ۋە قول-پۇت ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلالماي قالىدۇ. ئەمما، جەننەتتىكى شاراب كۆرۈنۈشى گۈزەل، تەمى تاتلىق، ناھايىتى خۇشپۇراق بولىدۇ، ئۇنى ئىچكەن ئادەم قۇسمايدۇ، بېشى قايمايدۇ، ھەتتا دۇنيادا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل شېرىن ۋە خۇشال كەيپىياتقا تولىدۇ. ﴿ئۇنىڭدا مەست قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ﴾. (سۈرە سافقات 47-ئايەت) (تەپسىلاتى ئۇچۇن سۈرە ۋاقىئە 19-ئايەتكە قاراڭ)

⑤ دۇنيادىكى ھەسەللەرگە ئومۇمەن ئىش قوشقان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ ساپلىقىدىن گۇمانلىنىپلا تۇرىدۇ. ئەمما، جەننەتتىكى ھەسەل ناھايىتى ساپ ۋە سۈزۈك بولىدۇ، ھەتتا ئۇ ھەسەل ھەرىسىدىن چىقىرىلغان ھەسەل ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭمۇ ئېقىپ تۇرىدىغان

ئۈستەڭلىرى بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئاللاھ تائالادىن بىرەر نەرسىنى سورىساڭلار، ئۇنىڭدىن فىردەۋس ئاتلىق جەننەتنى سوراڭلار، ئۇ جەننەتنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە ئەڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئېقىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشى باردۇر».
(سەھىھۇل بۇخارى 2790 ـ ھەدىس)

وَمِنۡهُم مَّن يَسۡتَمِعُ إِلَيۡكَ حَتَّىٰٓ إِذَا خَرَجُواْ مِنۡ عِندِكَ قَالُواْ لِلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ مَاذَا قَالَ ءَانِفًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَهۡوَآءَهُمۡ ﴿١٦﴾ وَٱلَّذِينَ ٱهۡتَدَوۡاْ زَادَهُمۡ هُدٗى وَءَاتَىٰهُمۡ تَقۡوَىٰهُمۡ ﴿١٧﴾

*ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە رەببى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە ـ پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟① [15]. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ ئارىسىدا سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭدىن چىققاندا، ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرگە (يەنى ساھابىلەرنىڭ ئۆلىمالىرىغا مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بايا ئۇ (يەنى مۇھەممەد) نېمە دېدى؟» دەيدۇ②، ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەنلەردۇر، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەنلەردۇر [16]. ھىدايەت تاپقانلارغا ئاللاھ ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا تەقۋادارلىق (يەنى پەرھىزكارلىق) ئاتا قىلىدۇ③ [17].*

① مۇشۇنداق ئەھۋالغا قالغان دوزىخى بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىگە نائىل بولغان جەننەتى باراۋەر بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە باراۋەر بولمايدۇ. جەننەت ئەھلى يۇقىرى دەرىجىلەردە بولىدۇ، دوزاخ ئەھلى جەھەننەمنىڭ چوڭقۇر ئازگاللىرىدا بولىدۇ. جەننەتكە كىرگەنلەر نازۇ-نېمەت، ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە

ياشايدۇ. دوزاختىكىلەرنىڭ قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالىدۇ. جەننەتكە لايىق بولغانلار ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولۇپ، تۈرلۈك ئىززەت-ئىكرام ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. دوزاختا مەھكۇم بولغانلار مەھبۇسلاردەك زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى زەققۇم ئاتلىق ئاچچىق ۋە زەھەرلىك تاماق بولىدۇ، ئىچىدىغىنى يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بولىدۇ.

② بۇ يەردە مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولمىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمەيتتى، مەجلىستىن سىرتقا چىققاندا ساھابە كىراملاردىن: بايا مۇھەممەد نېمە دېدى؟ دەپ سورايتتى.

③ يەنى ئۇلارنىڭ نىيىتى ھىدايەتكە ئېرىشىش بولغاچقا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

فَهَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا ٱلسَّاعَةَ أَن تَأْتِيَهُم بَغْتَةً فَقَدْ جَآءَ أَشْرَاطُهَا فَأَنَّىٰ لَهُمْ إِذَا جَآءَتْهُمْ ذِكْرَىٰهُمْ ﴿١٨﴾ فَٱعْلَمْ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ وَٱسْتَغْفِرْ لِذَنۢبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مُتَقَلَّبَكُمْ وَمَثْوَىٰكُمْ ﴿١٩﴾

***كاپىرلار پەقەت قىيامەتنىڭ ئۆزلىرىگە تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، شۈبھىسىزكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كېلىپ بولدى① . ئۇلارغا قىيامەت كېلىپ قالغان چاغدا، ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەتنىڭ قانداقمۇ پايدىسى بولسۇن؟ (ئۇ چاغدا ۋەز - نەسىھەت ئالغانلىقنىڭ پايدىسى بولمايدۇ)② [18]. (ئى پەيغەمبەر!) بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر③ . ئۆزۈڭنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ۋە ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ (گۇناھى) ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن④ ، ئاللاھ سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلارنى ۋە تۇرار جايىڭلارنى بىلىدۇ (شۇڭا ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار)⑤ [19].***

① يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ ئۆزى قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ بىر بەلگىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(ئىككى بارمىقىنى يەنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ): «قىيامەتكە بۇ ئىككى بارماقچىلىك قالغان چاغدا مەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم». (سەھىھۇل بۇخارى 4936 ـ ھەدىس) يەنى مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مۇشۇ ئىككى بارماقنىڭ ئارىلىقىدەك يېقىن ياكى مەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي قىيامەت بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

② يەنى قىيامەت تۇيۇقسىز كەلسە، كاپىرلار قانداقمۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئالالايدۇ؟ چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار تەۋبە قىلسىمۇ، تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ. شۇڭا ئەگەر تەۋبە قىلماقچى بولسا، ھازىر تەۋبە قىلىش ۋاقتىدۇر. ئەگەر ھازىر تەۋبە قىلىۋالمىسا، تەۋبە قىلىش پايدا قىلمايدىغان ۋاقىت تۇيۇقسىز كېلىپ قالىدۇ.

③ يەنى سەن مۇشۇ ئەقىدە ئۈستىدە مۇستەھكەم ۋە ئىزچىل تۇرغىن. چۈنكى، تەۋھىد ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ئاساسىدۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كېتىش يەنى شېرىك ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەت بارلىق يامانلىقلارنىڭ ئاساسىدۇر.

④ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەشكە ئەمر قىلىندى، ئۆزى ئۈچۈن ھەم مۇئمىنلەر ئۈچۈن. مەغپىرەت تىلەشنىڭ ئەھمىيىتى زور، پەزىلىتى چوڭدۇر. بۇ نۇقتا ھەدىس شەرىپتە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن مەن كۈندە ئاللاھ تائالادىن 70 قېتىمدىن كۆپ مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن». (سەھىھۇل بۇخارى 6307 ـ ھەدىس )

⑤ يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ كۈندۈزدە نەلەردە، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىڭلارنى ۋە كېچىدە قەيەردە تۇرۇپ ئارام ئالىدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. دېمەك كېچە ۋە كۈندۈزدىكى ھەر قانداق ئىش ـ ھەرىكىتىڭلار ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس.

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَوۡلَا نُزِّلَتۡ سُورَةٞۖ فَإِذَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٞ

مُّحۡكَمَةٞ وَذُكِرَ فِيهَا ٱلۡقِتَالُ رَأَيۡتَ ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ
يَنظُرُونَ إِلَيۡكَ نَظَرَ ٱلۡمَغۡشِيِّ عَلَيۡهِ مِنَ ٱلۡمَوۡتِۖ فَأَوۡلَىٰ لَهُمۡ ﴿٢٠﴾
طَاعَةٞ وَقَوۡلٞ مَّعۡرُوفٞۚ فَإِذَا عَزَمَ ٱلۡأَمۡرُ فَلَوۡ صَدَقُواْ ٱللَّهَ لَكَانَ
خَيۡرٗا لَّهُمۡ ﴿٢١﴾

***ئىمان ئېيتقانلار (جىھادنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن): «كاشكى، (جىھادقا بۇيرۇلغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا ئىدى» دەيدۇ①. (ئى پەيغەمبەر!) جىھاد تىلغا ئېلىنغان، (مەزمۇنى) ئېنىق بىر سۈرە نازىل قىلىنغان چاغدا②، دىللىرىدا كېسەل بارلارنىڭ (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ساڭا ئۆلۈمدىن (قورقۇپ) ھوشىدىن كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن③[20]. ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى④، ئىش قارار قىلىنغان چاغدا⑤، ئۇلار ئاللاھقا سادىق بولسا⑥، ئەلۋەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىدى⑦ [21].***

① جىھادقا ئەمر قىلىنغان ئايەت نازىل قىلىنمىغان چاغدا، جىھاد قىزغىنلىقى يۇقىرى مۆئمىنلەر جىھاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى ۋە بۇ ھەقتە (يەنى جىھادقا ئەمرى قىلىش توغرىسىدا) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا بولاتتى، دەيتتى.

② يەنى مەنسۇخ بولمىغان يەنى ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان سۈرە نازىل قىلىنغان چاغدا.

③ بۇ يەردە جىھاد ئەمرى ناھايىتى ئېغىر كېلىدىغان مۇناپىقلار تىلغا ئېلىنىدى. ئۇلارنىڭ قاتارىغا بىر قىسىم ئىمانى ئاجىز كىشىلەرمۇ كىرىپ قالىدۇ. سۈرە نىسا 77-ئايەتتە بۇ نۇقتا بايان قىلىنىدى.

④ يەنى ئۇلار جىھادتىن قورقۇشنىڭ ئورنىغا ئاڭلىغان ۋە ئىتائەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يامان سۆز قىلغاننىڭ ئورنىغا، ياخشى سۆز قىلغان بولسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. ﴿أَوۡلَىٰ﴾ " أَجۡدَرُ" «ئەڭ ياخشى» دېگەن مەنىدە، بۇ مەنىنى ئىبنى كەسىرمۇ ئىختىيار قىلغان. بەزى

مۇپەسسىرلەر ﴿أَوۡلَىٰ﴾نى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن دۇئايبەد ۋە تەھدىت سۆزى دەپ ئالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ مەنىسى «ئۇلارغا ھالاكەت يېقىندۇر» دېگەن بولىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە ئۇلاردىكى نىپاق ئۆزلىرىنىڭ ھالاك بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن «(ئاللاھقا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى» يېڭى بىر جۈملە بېشى يەنى ئىبگە بولۇپ، ئاخىرىدا كەلگەن «ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى» دېگەن بىرىكمە ئۇنىڭ خەۋىرى بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە ئەيسەرتەپاسىر)

⑤ يەنى جىھادنىڭ تەييارلىقى مۇكەممەل بولغان ۋە جىھاد قىلىش ۋاقتى كەلگەن چاغدا.

⑥ يەنى ئەگەر ھېلىھەم نىپاقنى تەرك ئېتىپ، نىيەتنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلسا ياكى رەسۇلۇللاھقا بويسۇنۇپ جىھاد قىلىش ئەھدىسىدە ئاللاھقا سادىق بولسا، ئەلۋەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىدى.

⑦ يەنى مۇناپىقلىق ۋە مۇخالىپەتچىلىكنىڭ ئورنىغا تەۋبە قىلغانلىقىنى ۋە سەممىيلىكنى ئىزھار قىلسا، ئەلۋەتتە ياخشى بولار ئىدى.

فَهَلۡ عَسَيۡتُمۡ إِن تَوَلَّيۡتُمۡ أَن تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَتُقَطِّعُوٓاْ أَرۡحَامَكُمۡ ﴿٢٢﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ فَأَصَمَّهُمۡ وَأَعۡمَىٰٓ أَبۡصَٰرَهُمۡ ﴿٢٣﴾ أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلۡقُرۡءَانَ أَمۡ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقۡفَالُهَآ ﴿٢٤﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱرۡتَدُّواْ عَلَىٰٓ أَدۡبَٰرِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡهُدَى ٱلشَّيۡطَٰنُ سَوَّلَ لَهُمۡ وَأَمۡلَىٰ لَهُمۡ ﴿٢٥﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُواْ لِلَّذِينَ كَرِهُواْ مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ

*(ئى مۇناپىقلار!) ئەگەر سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟① [22]. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەق سۆزنى ئاڭلاشتىن) گاس، كۆزلىرىنى (توغرا يولنى كۆرۈشتىن) كور قىلىپ قويدى② [23]. ئۇلار (ھەقنى*

***تونۇش ئۇچۇن) قۇرئان ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)③ [24]. شەكسىزكى، ئۆزلىرىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن (ئىماندىن) يېنىۋالغانلارغا④ شەيتان (مۇرتەدلىكنى) چىرايلىق كۆرسەتتى ۋە (ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقنى ۋەدە قىلىپ) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى⑤ [25]. بۇ⑥ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھيىنى يامان كۆرىدىغانلارغا (يەھۇدىيلارغا) دېدىكى⑦:***

① بۇ ئايەتتىكى ﴿إِنْ تَوَلَّيْتُمْ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، «ئەگەر سىلەر ۋالىي (يەنى ھاكىم) بولۇپ قالساڭلار»، بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەتنى ناتوغرا ئىشلىتەرسىلەرمۇ؟ ئىمام ئىبنى كەسىر ﴿إِنْ تَوَلَّيْتُمْ﴾نىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر (جىھاد قىلىشتىن (يۈز ئۆرۈسەڭلار ۋە ئۇنىڭدىن يېنىۋالساڭلار»، يەنە جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىپ، ئۆزئارا قانخورلۇق قىلىسىلەر ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويىسىلەر. دېمەك سىلەرنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭلارنى يىراق سانىغىلى بولمايدۇ. بۇ ئايەت ئومۇمەن زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن، خۇسۇسەن سىلە - رەھىمنى ئۈزۈشتىن توسىدۇ. زېمىندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە سىلە - رەھىمنى ئۇلاشنى تەكىتلەيدۇ. سىلە - رەھىم قىلىشنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىش، ئەمەلىي ياخشىلىق قىلىش، موھتاجلىرىغا پۇل-مال بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغان ۋە ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن كۆپ ھەدىسلەر بار. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس، كۆزلىرىنى (ھەقنى كۆرۈشتىن) كور قىلىپ قويىدى. بۇ ئۇلارنىڭ مەزكۇر يامان قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

③ شۇ ۋەجىدىن قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ مەنە ۋە ئۇقۇملىرى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا كىرمەيدۇ.

④ بۇلاردىن جىھاد قىلىشتىن باش تارتىپ، كۇفرى ۋە مۇرتەدلىكنى ئىزھار قىلغان مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ ﴿اَمْلٰى﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسىنى شەيتان دەپ ئالغاندا، شەيتان ئۇلارنى كۆپ ئارزۇ-ئارمانلارغا مۇپتىلا قىلىش بىلەن ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى بىلەن ئالدىدى. ئۇلارغا: سىلەر تېخى ياش تۇرساڭلار، نېمە ئۈچۈن جىھادقا قاتنىشىپ، جېنىڭلارنى نابۇت قىلىسىلەر؟ دېدى، دېگەن بولىدۇ. ﴿اَمْلٰى﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسىنى ئاللاھ دەپ ئالغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۆھلەت بەردى، يەنى ئۇلارنى دەرھال جازالىمىدى، دېگەن بولىدۇ.

⑥ «بۇ» كۆرسىتىش ئالماش ئۇلارنىڭ ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولىشىنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ يەنى مۇناپىقلار ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھيىنى يامان كۆرگەن مۇشرىكلارغا ياكى يەھۇدىيلارغا دېدىكى...

سَنُطِيعُكُمْ فِى بَعْضِ ٱلْأَمْرِ ۖ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ إِسْرَارَهُمْ ﴿٢٦﴾ فَكَيْفَ إِذَا
تَوَفَّتْهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَٰرَهُمْ ﴿٢٧﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمُ
ٱتَّبَعُوا۟ مَآ أَسْخَطَ ٱللَّهَ وَكَرِهُوا۟ رِضْوَٰنَهُۥ فَأَحْبَطَ أَعْمَٰلَهُمْ ﴿٢٨﴾ أَمْ
حَسِبَ ٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَن لَّن يُخْرِجَ ٱللَّهُ أَضْغَٰنَهُمْ ﴿٢٩﴾
وَلَوْ نَشَآءُ لَأَرَيْنَٰكَهُمْ فَلَعَرَفْتَهُم بِسِيمَٰهُمْ ۚ وَلَتَعْرِفَنَّهُمْ فِى لَحْنِ
ٱلْقَوْلِ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ أَعْمَٰلَكُمْ ﴿٣٠﴾

***«بىز بەزى ئىشلاردا① سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز». ئاللاھ ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ② [26]. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولار؟③ [27]. بۇ (ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھنى غەزەپلەندۈرگەن نەرسىلەرگە ئەگەشتى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى (يەنى ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى) ياقتۇرمىدى، شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى [28]. دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرىنىڭ (ئىسلامغا بولغان) دۈشمەنلىكىنى ئاللاھ ئاشكارىلىمايدۇ (ئوتتۇرىغا***

***چىقارمايدۇ)، دەپ ئويلامدۇ؟④ [29]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا كۆرسىتەتتۇق، سەن ئۇلارنى چوقۇم ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن تونۇيتتىڭ⑤. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى سۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن تونۇيسەن⑥، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ [30].***

① يەنى مۇھەممەدكە ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتا سىلەرگە بويسۇنىمىز، دېدى.

② يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ (يەنى پەرىشتىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ)﴾. (سۈرە نىسا 81-ئايەت)

③ بۇ يەردە پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئالغان ۋاقىتتىكى ھالەت بايان قىلىندى. جانلار پەرىشتىلەردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ تەنلەرگە چېچىلىپ كېتىدۇ، ئۇيان-بۇيان قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنى قاتتىق تۇتۇپ، تارتىدۇ، قوپاللىق بىلەن ئۇرۇپ چىقىرىدۇ. بۇ نۇقتا ئىلگىرى سۈرە ئەنئام 93- ئايەت، سۈرە ئەنفال 50-ئايەتتىمۇ تىلغا ئېلىندى.

④ ﴿أَضْغَان﴾ " ضِغْنٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ھەسەت، دۈشمەنلىك، ئۆچ- ئاداۋەت مەنىسىدە كېلىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ دىللىرىدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك بار ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ يەردە دېيىلىۋاتىدۇكى، بۇلار ئاللاھ تائالانى ئاشۇ دۈشمەنلىكلىرىنى ئاشكارىلىيالمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

⑤ يەنى ئەگەر بىز خالىساق، ھەربىر مۇناپىقنى سۈپەتلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ ئاشكارا قىلىپ بېرەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇلارنى ئاسانلا تونۇۋالاتتىڭ. بىراق، ئاللاھ تائالا بارلىق مۇناپىقلارنى ئاشكارا قىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن: بۇ ئاللاھ تائالانىڭ "سَتَّارُ الْعُيُوْبِ " ئەيىبلەرنى ياپقۇچى دېگەن سۈپىتىگە خىلاپتۇر. ئاللاھ ئومۇمەن ئەيىبلەرنى ياپىدۇ، ئەمما چاپان ياپمايدۇ. ئىككىنچىدىن: ئاللاھ تائالا بىزنى كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا، ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

⑥ ئەمما ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى، چىراي ئالامەتلىرى ۋە سۆزلەش ئۇسلۇبى دىللىرىدىكىنى ئاشكارا قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلۋەتتە بىلەلەيدۇ. ئومۇمەن ئىنسان دىلىدىكىنى ھەر قانچە يوشۇرسىمۇ، ئۇنىڭ گەپ-سۆزى، ھەرىكىتى، ۋەقە-ھادىسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى، چىراي بەلگىلىرى دىلىدىكىنى ئاشكارا قىلىپ قويىدۇ.

وَلَنَبۡلُوَنَّكُمۡ حَتَّىٰ نَعۡلَمَ ٱلۡمُجَٰهِدِينَ مِنكُمۡ وَٱلصَّٰبِرِينَ وَنَبۡلُوَاْ
أَخۡبَارَكُمۡ ﴿٣١﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَشَآقُّواْ
ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡهُدَىٰ لَن يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـًٔا
وَسَيُحۡبِطُ أَعۡمَٰلَهُمۡ ﴿٣٢﴾ ۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ
ٱلرَّسُولَ وَلَا تُبۡطِلُوٓاْ أَعۡمَٰلَكُمۡ ﴿٣٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن
سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ مَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٞ فَلَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡ ﴿٣٤﴾

*بىز سىلەرنى تاكى ئاراڭلاردىن (ئاللاھنىڭ يولىدا) جىھاد چىققۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) بەرداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە (ئوتتۇرىغا چىقارغانغا) ۋە ئەھۋالىڭلارنى تولۇق ئاشكارا قىلغانغا قەدەر ئەلۋەتتە (جىھاد ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن) سىنايمىز① [31]. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغانلار، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلار ۋە ئۆزلىرىگە توغرا يول (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكى) ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ②، ئاللاھ يېقىندا ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيدۇ)③ [32]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (كۇفرى، نىپاق ۋە رىيا بىلەن) ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار④ [33]. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغان، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان، ئاندىن كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنى ئاللاھ ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ [34].*

① ھەر نەرسە ئاللاھنىڭ ئىلمى ئەزەلىيدە باردۇر، ئۇ ھەممىنى ئەزەلدىن بىلىدۇ. بۇ يەردىكى «بىلىش» بولسا شۇ بىلگەن نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە رېئاللىقتا يۈز بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەقسەت باشقىلارمۇ ئۇنى كۆرسۇن ۋە بىلسۇن ئۈچۈندۇر. شۇ ۋەجىدىن ئىمام ئىبنى كەسىر «بىلگەنگە قەدەر» دېگەننى «شۇ ئىشنىڭ رېئاللىقتا يۈز بېرىشىنى بىلگىنىمىزگە قەدەر» دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئىبارىلەرنى مەسىلەن: " لِنَرَى "نى «شۇ ئىشنى رېئاللىقتا كۆرگىنىمىزگە قەدەر»، دەپ تەپسىر قىلغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇ ئۇقۇم ئەڭ ئېنىقتۇر.

② ھەقىقەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى يوقىتىدۇ.

③ چۈنكى، ئىمان ئېيتماي قىلغان ئەمەلنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بولمايدۇ. ئىمان ۋە ئىخلاس ھەر قانداق ياخشى ئەمەلنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ.

④ يەنى مۇناپىقلار ۋە مۇرتەدلەرگە ئوخشاش ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ، نىپاق يولىنى تاللاش بىلەن ئەمەللىرىڭلارنى بەربات قىلماڭلار. بۇ چەكلىمە يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامدا ئىزچىل ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشقا ئەمر قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: چوڭ گۇناھلار ۋە قەبىھ ئىشلارنى سادىر قىلىشمۇ، ئەمەللەرنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ مۇئمىنلەرنىڭ بىر مۇھىم سۈپىتى قاتارىدىمۇ تىلغا ئېلىندى: ﴿ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ. كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾. (سۈرە نەجم 32-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بۇ ئېتىبار بىلەن بۇ يەردە چوڭ گۇناھلار ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىشمۇ تەكىتلەنگەن بولىدۇ. يەنە بۇ ئايەتتىن بىرەر ئەمەل ھەر قانچە ياخشى كۆرۈنسىمۇ، ئاللاھ ۋە رەسۇلى كۆرسەتكەن دائىرىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، بىكار ۋە ئىناۋەتسىز بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

فَلَا تَهِنُواْ وَتَدْعُوٓاْ إِلَى ٱلسَّلْمِ وَأَنتُمُ ٱلْأَعْلَوْنَ وَٱللَّهُ مَعَكُمْ وَلَن يَتِرَكُمْ أَعْمَٰلَكُمْ ﴿٣٥﴾ إِنَّمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌۚ وَإِن تُؤْمِنُواْ

وَتَتَّقُواْ يُؤۡتِكُمۡ أُجُورَكُمۡ وَلَا يَسۡـَٔلۡكُمۡ أَمۡوَٰلَكُمۡ ٣٦ إِن يَسۡـَٔلۡكُمُوهَا
فَيُحۡفِكُمۡ تَبۡخَلُواْ وَيُخۡرِجۡ أَضۡغَٰنَكُمۡ ٣٧

***(ئى ئىمان ئېيتقانلار! جىھاد مەيدانىدا) بوشىشىپ قالماڭلار، سىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تۇرۇپ (دۈشمەننى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار①. ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللىدۇر②. ئاللاھ ئەمەللىرىڭلار (نىڭ ساۋابى)نى ھەرگىز كېمەيتىۋەتمەيدۇ③ [35]. دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن ـ تاماشادىن ئىبارەتتۇر④. ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلساڭلار، (ئاللاھ) سىلەرگە ئەجرىڭلارنى بېرىدۇ، سىلەردىن پۇل ـ مېلىڭلار (نىڭ ھەممىسىنى بېرىش)نى تەلەپ قىلمايدۇ (بەلكى مەلۇم مىقدارنى يەنى زاكات بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىدۇ)⑤ [36]. ئەگەر ئاللاھ سىلەردىن پۇل ـ مېلىڭلار (نىڭ ھەممىسى)نى سوراپ، ئەڭ يۇقىرى تەلەپ قويسا، سىلەر بېخىللىق قىلىسىلەر، بۇ بېخىللىق سىلەرنىڭ (ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا بولغان) ئۆچلىكىڭلارنى ئاشكارىلايدۇ⑥ [37].***

① دېمەك ئەگەر سىلەر ئۇلارنى سۈلھىگە چاقىرماقچى بولساڭلار، سىلەر كۈچلۈك، ساندىڭلار كۆپ، قوراللىرىڭلار سەر خىل تۇرۇپ، يەنى سىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن ھالەتتە سۈلھى ۋە كېلىشىم قىلىشقا چاقىرماڭلار، بەلكى ئاللاھنىڭ دىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنگە قەدەر كۇفرىغا زەربە بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان ھالەتتە سۈلھىگە چاقىرىش كۇفرىنىڭ نوپۇزىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ، بۇ چوڭ جىنايەتتۇر. بۇنىڭ مەنىسى كاپىرلار بىلەن سۈلھى قىلىش جايىز ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس. سۈلھى قىلىش ئەلۋەتتە جايىز، ئەمما ھەر ۋاقىت ئەمەس. پەقەت مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا نىسبەتەن كۈچ ۋە سان جەھەتتە تۆۋەن بولغان ۋاقىتتا، ئۇرۇش قىلغاندىن سۈلھى قىلىش كۆپ پايدىلىق بولغاندا، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى قىلىش جايىز بولىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشنى 10 يىل توختىتىش ھەققىدە كېلىشىم تۈزگەنگە ئوخشاش.

② بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا دائىر ناھايىتى چوڭ بېشارەت باردۇر. ئاللاھ بىلەن بىللە بولغانلارنى كىممۇ مەغلۇپ قىلالىسۇن؟

③ ھەتتا، ئۇنىڭغا تولۇق ئەجىر-ساۋاب بېرىدۇ، ساۋابىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

④ يەنى دۇنيا ھاياتى ئويۇن-تاماشا ۋە ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر، ئۇ ھېچنەرسىگە ئاساس بولالمايدۇ، ئۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ ھېچ ئېتىبارى يوقتۇر.

⑤ يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ پۇل-مېلىڭلارغا موھتاج ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ئۇ سىلەرنىڭ بارلىق بايلىقىڭلارنى زاكاتقا بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلمىدى، بەلكى مېلىڭلاردىن ئاز بىر قىسمىنى يەنى 2.5% – يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنتنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىمۇ كىرىم قىلىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، زۆرۈر ئېھتىياجدىن ئاشقىنىنى بېرىشكە بۇيرىدى، ئۇنىڭدىن مەقسەتمۇ پەقەت يوقسۇل قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا سىلەر بەرگەن زاكات بىلەن ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ خىراجەتلىرىنى تولۇقلاشنى مەقسەت قىلمايدۇ.

⑥ يەنى ئەگەر ئۇ سىلەردىن زۆرۈرىيەتتىن زىيادە بارلىق مال-مۈلۈكۈڭلارنى سورىسا، سورىغاندىمۇ يۈقىرى تەلەپ قويۇپ قويسا، ئىنسانىي تەبىئىتىڭلار بويىچە ھەم بېخىللىق قىلىسىلەر، بۇ بېخىللىقىڭلار يەنە سىلەرنىڭ ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكىڭلارنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. يەنى بۇنداق ئەھۋالدا سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا ئىسلامغا قارشى ئاداۋەت بولۇپ قالىدۇ، ئاندىن سىلەر: بىزنىڭ ئىشلەپ تاپقان نەرسىمىزنىڭ ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولغان قانداق دىن بۇ؟ دەيسىلەر.

هَٰٓأَنتُمْ هَٰٓؤُلَآءِ تُدْعَوْنَ لِتُنفِقُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَمِنكُم مَّن يَبْخَلُ ۖ
وَمَن يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَن نَّفْسِهِۦ ۚ وَٱللَّهُ ٱلْغَنِىُّ وَأَنتُمُ ٱلْفُقَرَآءُ ۚ
وَإِن تَتَوَلَّوْا۟ يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُونُوٓا۟ أَمْثَٰلَكُم ﴿٣٨﴾

***(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار①، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار، كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، بېخىللىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ②. ئاللاھ (ھېچ نەرسىگە) موھتاج ئەمەستۇر، سىلەر بولساڭلار ئاللاھقا موھتاجسىلەر③، ئەگەر سىلەر (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتساڭلار④، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ)⑤ [38].***

① يەنى پۇل-مېلىڭلارنىڭ بىر قىسمىنى زاكات سۈپىتىدە بېرىشكە، يەنە بىر قىسمىنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار.

② يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا نەپىقە قىلىش ئەجرىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئىبارەت زىيان ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ.

③ يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ مال-مۈلكۈڭلارغا موھتاج بولۇپ قالغانلىقتىن پۇل-مال سەرپ قىلىشقا تەرغىب قىلغان ئەمەس. ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ھەممىدىن بايدۇر. ئاللاھ سىلەرنى بۇيرۇغان بۇ زاكاتتا سىلەرگە بىر قانچە خىل پايدا بار. بىرىنچى: ئۇ سىلەرنىڭ نەپسىڭلارنى تازىلايدۇ. ئىككىنچى: ئۆزۈڭلارنىڭ ھاجەتمەنلىرىنىڭ ئېھتىياجى تولۇقلىنىدۇ. ئۈچىنچى: سىلەر دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب بولىسىلەر. شۇ ۋەجىدىن سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ياردىمىگە موھتاج، ئاللاھ سىلەرگە موھتاج ئەمەس.

④ يەنى ئىسلامدىن كۇفرى تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتسەڭلار.

⑤ بەلكى، ئۇلار سىلەردىنمۇ زىيادە ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا تېخىمۇ كۆپ پۇل-مال سەرپ قىلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاشۇ «باشقا بىر قەۋم» ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ: ئۇنىڭدىن بۇ (سەلمان) ۋە ئۇنىڭ قەۋمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئىمان سۈرەييا يۇلتۇزغا چاپلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنى پارسلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر ئالىدۇ». (سۈنەنى تىرمىزى، ئالبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا بايان قىلغان، 3-توم، 14-بەت)

# سۈرە فەتھ

| (48) سۈرە فەتھ مەدىنىدە چۈشكەن 29 ئايەت | (٤٨) سورة الفتح مدنية ٢٩ آية |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِنَّا فَتَحۡنَا لَكَ فَتۡحٗا مُّبِينٗا ١ لِّيَغۡفِرَ لَكَ ٱللَّهُ مَا تَقَدَّمَ مِن
ذَنۢبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ وَيُتِمَّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكَ وَيَهۡدِيَكَ صِرَٰطٗا
مُّسۡتَقِيمٗا ٢ وَيَنصُرَكَ ٱللَّهُ نَصۡرًا عَزِيزًا ٣

***(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى①، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى②، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن③، ساڭا ناھايىتى كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق غەلىبە ئاتا قىلدۇق [3 ـ 1].***

★ھىجرىيەنىڭ 6 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 1400 گە يېقىن ساھابىلىرى بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار مەككىگە يېقىن ھۆدەيبىيە دېگەن جايغا كەلگەندە، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەرەمگە كىرىپ ئۆمرە قىلىشتىن توستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمرە قىلىشىغا

رۇخسەت قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەككىگە ئەۋەتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقى ھەققىدە گەپ-سۆز تارقالدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ساھابىلەردىن بەيئەت ئالدى، بۇ رىزۋان بەيئىتى دەپ ئاتالدى. كېيىن بۇ خەۋەرنىڭ يالغانلىقى ئىسپاتلاندى. مەككە مۇشرىكلىرىمۇ ئۆمرە قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى، ئاندىن مۇسۇلمانلار بۇ يىل قايتىپ كېتىپ، كېلەر يىلى كېلىپ ئۆمرە قىلىشقا سۈلھى تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى قۇربانلىق قىلدى. شۇ قېتىملىق سۈلھىدە كېلىشكەن بىر قانچە ماددىلارغا قارىتا كۆپ ساندىكى ساھابىلەر نارازىلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىراقنى كۆزلەپ، سۈلھىنىڭ كەلگۈسىدىكى پايدىسىنى نەزەردە تۇتۇپ كاپىرلارنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن مەدىنىگە قايتىپ كېتىۋاتقان چاغدا، بۇ سۈرە نازىل بولدى. بۇ سۈرىدە ئۇ سۈلھى مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسى ۋە فەتھى دەپ ئىپادىلەندى. راستتىنلا بۇ سۈلھى مەككىنىڭ فەتھ بولۇشىنىڭ بىر مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھ قىلغان ھالدا ھەرەمگە كىرىپ كەلدى. شۇ ۋەجىدىن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلەر كىشىلەرگە: سىلەر بولساڭلار مەككىنىڭ فەتھ بولۇشىنى فەتھ دەپ ھېسابلايسىلەر، بىز بولساق ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى ھەقىقىي فەتھ دەپ ھېسابلايمىز. دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاخشام ماڭا بىر سۈرە نازىل بولدى. ئۇ ماڭا دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى جىمى نەرسىلەردىنمۇ ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 4177-ھەدىس)

① بۇ يەردىكى گۇناھلاردىن تەرك ئېتىش ئەۋزەل دەپ قارىلىدىغان ئىشلار ياكى پەيغەمبەر ئۆز چۈشەنچىسى ۋە ئىجتىھادى بىلەن قىلغان، ئەمما ئۇنى ئاللاھ ياقتۇرمىغان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: سۈرە ئەبەسەدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەسىگە ئوخشاش. بۇ ئىشلار گەرچە مەسۇملۇققا زىت كېلىدىغان گۇناھ بولمىسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىگە نىسبەتەن كەمچىلىك دەپ سانالغان. شۇڭا بۇ يەردە ئەنە شۇنداق كەمچىلىكلەرنىڭمۇ ئەپۇ قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. ﴿لِيَغْفِرَ﴾

دىكى لام سەۋەبنى بىلدۈرۈپ كەلگەن يەنى بۇ «ئۈپئۈچۈق غەلىبە» ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئۆچ نەرسىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئېتىبار بىلەنكى، بۇ سۈلھىدىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىدىغانلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشقان. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ساۋابىمۇ زىيادە بولغان ۋە يەنە «كاتتا ئەجىر»گە نائىل بولغان.

② سەن دەۋەت قىلىۋاتقان دىننى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق ياكى فەتھ ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىش ئارقىلىق نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشى ئۈچۈن. بەزى مۇپەسسىرلەر: مەغپىرەت قىلغانلىقى ۋە ھىدايەت ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقى نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى ھىدايەت ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلىشى ئۈچۈن، ھىدايەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشى ئۈچۈن.

هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ ٱلسَّكِينَةَ فِى قُلُوبِ ٱلْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوٓا۟ إِيمَـٰنًا مَّعَ إِيمَـٰنِهِمْ ۗ وَلِلَّهِ جُنُودُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٤﴾ لِّيُدْخِلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتِ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا وَيُكَفِّرَ عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ ۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عِندَ ٱللَّهِ فَوْزًا عَظِيمًا ﴿٥﴾ وَيُعَذِّبَ ٱلْمُنَـٰفِقِينَ وَٱلْمُنَـٰفِقَـٰتِ وَٱلْمُشْرِكِينَ وَٱلْمُشْرِكَـٰتِ ٱلظَّآنِّينَ بِٱللَّهِ ظَنَّ ٱلسَّوْءِ ۚ

***ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن①، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك سالغان زاتتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى (بارلىق) قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر②، ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [4]. (مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىغا ئاللاھنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) مۇئمىن ئەرلەرنى ۋە مۇئمىن ئاياللارنى (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن***

*ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈش③ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈش ئۈچۈن (بىز ساڭا ئوپئوچۇق غەلىبە ئاتا قىلدۇق). مانا بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتتۇر [5]. (مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىغا ئاللاھنىڭ خاتىرجەملىك سېلىشى) ئاللاھ توغرۇلۇق (ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە ياردەم بەرمەيدۇ دېگەندەك) يامان ئويلاردا بولغان④ مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش ئۈچۈندۇر.*

① يەنى مۇسۇلمانلارغا سۈلھى سەۋەبىدىن يەتكەن ئېزىتىرابلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك سالدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى، ئەندىشىلىرى يوقالدى، ئىمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ ئايەت يەنە ئىماننىڭ كۈچىيىدىغان ۋە ئاجىزلىشىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

② يەنى ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئۆزىنىڭ قايسىبىر لەشكىرى (مەسىلەن: پەرىشتىلىرى) بىلەن كاپىرلارنى ھالاك قىلاتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ھېكمىتى سەۋەبلىك ئۇنداق قىلمىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇئمىنلەرنى جىھاد قىلىشقا، كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەمر قىلدى. شۇ ۋەجىدىن كېيىنكى ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى دېگەن سۈپىتىنى كەلتۈردى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى پەرىشتىلەر ۋە شۇلارغا ئوخشىغان بارلىق قۇدرەتلىك قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئىشقا سالىدۇ. ئاللاھ تائالا بەزىدە بىر كاپىر پىرقىنى يەنە بىر كاپىر پىرقىگە مۇسەللەت قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. بۇنى بايان قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تائالا سىلەرگە موھتاج ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنى ۋە پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمەكچى بولسا، ھەرقانداق گۇرۇھ ۋە قوشۇن ئارقىلىق ياردەم بېرەلەيدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە ئەيسەر تەپاسىر)

③ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «﴿ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى ئۈچۈن﴾ دېگەن ئايەتنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا مۇبارەك بولسۇن،

بۇ سەن ئۇچۇندۇر، بىزگە نىمە بىرىلەر؟ دىگەن چاغدا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿(مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىغا ئاللاھنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) مۇئمىن ئەرلەرنى ۋە مۇئمىن ئاياللارنى (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئىقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۇ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈش ئۇچۇندۇر﴾.» (سەھىھۇل بۇخارى، ھۇدەيبىيە غازىتى توغرىسىدا) بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەت: ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۇچۇن﴾ ياكى ﴿ساڭا ناھايىتى كۈچلۈك ياردەم بىرىشى ئۇچۇن﴾ دىگەن ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئىلىپ، ئاخىرىغا ﴿بىز ساڭا ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق غەلىبە ئاتا قىلدۇق﴾نى كەلتۈرىدۇ.

④ يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بىرىشتىن ئىبارەت ۋەدىسىگە قارىتا يامان ئوي ۋە پەرەزلەردە بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار) ھەققىدىمۇ يامان ئوي ۋە پەرەزلەردە بولۇپ، مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئىسلام دىنى يوقۇلىدۇ، دىگەندەك سۆزلەرنى قىلغان ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

عَلَيۡهِمۡ دَآئِرَةُ ٱلسَّوۡءِۖ وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَلَعَنَهُمۡ وَأَعَدَّ لَهُمۡ
جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرٗا ٦ وَلِلَّهِ جُنُودُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ
عَزِيزًا حَكِيمًا ٧ إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ شَٰهِدٗا وَمُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا ٨
لِّتُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتُعَزِّرُوهُ وَتُوَقِّرُوهُۚ وَتُسَبِّحُوهُ بُكۡرَةٗ
وَأَصِيلًا ٩ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُبَايِعُونَكَ إِنَّمَا يُبَايِعُونَ ٱللَّهَ يَدُ ٱللَّهِ فَوۡقَ
أَيۡدِيهِمۡۚ فَمَن نَّكَثَ فَإِنَّمَا يَنكُثُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦۖ

*(ئۇلار مۇئمىنلەرگە يەتسۇن دىگەن) يامان ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا يىتىدۇ①. ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى. جەھەننەم نىمىدىگەن يامان جاي! [6]. ئاسمانلاردىكى ۋە زىمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھىكمەت بىلەن ئىش*

***قىلغۇچىدۇر② [7]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، بىز سېنى (قىيامەت كۈنى خەلققە) گۇۋاھلىق بەرگۈچى، (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق [8]. (ئى ئىنسانلار! بۇ) سىلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار، ئۇ پەيغەمبەرگە ياردەم قىلىشىڭلار، ئۇنى ھۆرمەتلىشىڭلار ۋە ئەتىگەن-ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈندۇر (يەنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق) [9]. شۈبھىسىزكى، (ئى پەيغەمبەر! ھۇدەيبىيىدە) ساڭا بەيئەت قىلغانلار (ھەقىقەتتە) ئاللاھقا بەيئەت قىلغان بولىدۇ③، ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر (يەنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغان بەيئىتىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ئۇلارنى بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلايدۇ)④، كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئۇنى بۇزغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ⑤،***

① يەنى ئۇلار، مۇسۇلمانلارنى دۇچار بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىپ كۈتۈپ تۇرغان ھالاكەت، ئازاب ياكى پالاكەتكە ئۆزلىرى دۇچار بولىدۇ.

② بۇ ئايەتتە، ئەنە شۇ مۇناپىقلار ۋە كاپىرلار تىلغا ئېلىنغان قاتاردا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇلدا ھالاك قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكى تەكرار بايان قىلىندى. ئەمما، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆز ھېكمىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە زادى قانچىلىك مۆھلەت بېرىدۇ، بۇ باشقا بىر مەسىلە.

③ يەنى بۇ بەيئەت ئەسلىدە ئاللاھقا قىلغان بەيئەتتۇر. چۈنكى، جىھادقا ئەمر قىلغۇچى ئەنە شۇ ئاللاھتۇر، ئۇنىڭغا ساۋاب بەرگۈچىمۇ شۇ ئاللاھتۇر. سەۋەبى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى﴾. (سۈرە تەۋبە 111-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بۇ ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى، پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾. (سۈرە نىسا 80-ئايەت) يەنى پەيغەمبەرگە بەيئەت قىلىش ھەقىقەتتە ئاللاھقا بەيئەت قىلغانلىق بولىدۇ.

④ بۇ ئايەتتىكى بەيئەت رىزۋان بەيئەتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۇدەيبىيەگە ھازىر بولغان 1400 ياكى 1500 مۇسۇلماندىن ئالغان بەيئەت ئىدى.

⑤ ﴿نَكَثَ﴾ ئەھدىنى بۇزۇش دېگەنىنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى بەيئەتنى بۇزۇشنى يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، ئۇرۇشقا قاتناشماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭ ۋابالى ۋە زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ.

وَمَنْ أَوْفَىٰ بِمَا عَـٰهَدَ عَلَيْهُ ٱللَّهَ فَسَيُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿١٠﴾ سَيَقُولُ
لَكَ ٱلْمُخَلَّفُونَ مِنَ ٱلْأَعْرَابِ شَغَلَتْنَآ أَمْوَٰلُنَا وَأَهْلُونَا فَٱسْتَغْفِرْ
لَنَا ۚ يَقُولُونَ بِأَلْسِنَتِهِم مَّا لَيْسَ فِى قُلُوبِهِمْ ۚ قُلْ فَمَن يَمْلِكُ
لَكُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا إِنْ أَرَادَ بِكُمْ ضَرًّا أَوْ أَرَادَ بِكُمْ نَفْعًۢا ۚ

*ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا ئاللاھ بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ① [10]. سەھرالىق ئەرەبلەردىن (ھۇدەيبىيەگە چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ساڭا: «بىز ماللىرىمىز ۋە بالا ـ چاقىلىرىمىز بىلەن بولۇپ قېلىپ (سەن بىلەن بىللە) چىقالمىدۇق، سەن بىز ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن» دەيدۇ②، ئۇلار دىلىدا يوق نەرسىنى تىلىنىڭ (ئۇچىدىلا) دەپ قويىدۇ (يەنى ئۇلار يالغان ئۆزرە ئېيتىدۇ)③. ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر زىياننى ئىرادە قىلسا④ ياكى بىرەر پايدىنى ئىرادە قىلسا⑤، ئاللاھنىڭ (ئىرادىسى) ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن كىم بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ (يەنى كىم سىلەردىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى توسىيالايدۇ؟)*

① يەنى ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ياردەم قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ نۇسرىتى كەلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلغانلارغا ئاللاھ كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

② بۇ سەھرالىق ئەئرابىلاردىن مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان غىفار، مۇزەينە، جۇھەينە، ئەسلەم، ۋۇئەيل قاتارلىق قەبىلىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈش كۆرگەندىن كېيىن (تەپسىلاتى تۆۋەندە كېلىدۇ) مەككىگە بېرىپ ئۆمرە قىلىش ھەققىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇقتۇرۇشقا قارىتا مەزكۇر قەبىلىلەر: ھازىرقى ئەھۋالدا مەككىگە بېرىش دانالىق ئەمەس، مەككىدە كاپىرلار كۈچلۈك، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ئاجىز، مۇسۇلمانلار قورال-ياراقسىز بارسا، تېخىمۇ بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق بارىدىغان بولسا، كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشنى قارار قىلىپ قالسا، قورال-ياراقسىز ئۇلارغا قانداق قارشى تۇرىدۇ؟ دېمەك، ھازىرقى ۋاقىتتا مەككىگە بېرىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەككىگە بارمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مەقسىتى-چاقىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزرە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىڭنى سورايدۇ.

③ يەنى ئۇلار تىللىرى بىلەن، بىزنىڭ ئۆي، ئايال ۋە بالا-چاقىلىرىمىزغا قارايدىغان ئادىمىمىز بولمىغانلىقتىن، ئۆمرىگە بارالماي، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالدۇق، دەيدۇ. بىراق ھەقىقەتتە، ئۇلارنىڭ قېلىپ قالغانلىقى مۇناپىقلىقتىن ۋە ئۆلۈمدىن قورققانلىقتىن ئىدى.

④ يەنى ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ مال-مۈلۈكۈڭلارنى يوق قىلىشنى ۋە ئائىلەڭلاردىكىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، سىلەردىن كىم ئاللاھنى بۇنىڭدىن توسۇشقا قادىر بولالايدۇ؟

⑤ يەنى ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرمەكچى ۋە سىلەرگە غەنىيمەت ئاتا قىلماقچى بولسا، كىم ئۇنى توسيالايدۇ؟ بۇ ئەسلىدە مەزكۇر "مُتَخَلِّفِينَ" ئۆمرىگە بارماي، قېپ قالغانلارغا رەددىيە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە چىقماي تۇرۇۋالساق، زىياندىن ساقلىنىپ، پايدا ئالىمىز دەپ ئويلىدى. ۋەھالەنكى، پايدا ۋە زىيان ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىدى.

بَلۡ كَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرًا ﴿١١﴾ بَلۡ ظَنَنتُمۡ أَن لَّن يَنقَلِبَ ٱلرَّسُولُ
وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ إِلَىٰٓ أَهۡلِيهِمۡ أَبَدٗا وَزُيِّنَ ذَٰلِكَ فِي قُلُوبِكُمۡ وَظَنَنتُمۡ ظَنَّ ٱلسَّوۡءِ

وَكُنتُمْ قَوْمًۢا بُورًا ﴿١٢﴾ وَمَن لَّمْ يُؤْمِنۢ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ فَإِنَّآ أَعْتَدْنَا
لِلْكَٰفِرِينَ سَعِيرًا ﴿١٣﴾ وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ يَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ
وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٤﴾ سَيَقُولُ ٱلْمُخَلَّفُونَ إِذَا
ٱنطَلَقْتُمْ إِلَىٰ مَغَانِمَ لِتَأْخُذُوهَا ذَرُونَا نَتَّبِعْكُمْ ۖ

***ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس). ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر① [11]. بەلكى سىلەر: پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر (جەڭدە ئۆلۈپ) ئۆز ئۆيلىرىگە مەڭگۈ قايتالمايدۇ، دەپ ئويلىدىڭلار، بۇ (ئازغۇن ئويلىرىڭلار) دىللىرىڭلاردا چىرايلىق كۆرۈندى. سىلەر (ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈپ بىرىمۇ ساق قايتمايدۇ دەيدىغان) يامان ئويدا بولدۇڭلار-دە②، سىلەر ھالاك بولغۇچى قەۋم بولۇپ قالدىڭلار»③ [12]. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىكەن (ئۇ كاپىردۇر)، شۈبھىسىزكى، بىز (بۇنداق) كاپىرلارغا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتنى تەييارلىدۇق [13]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، ئاللاھ ئەزەلدىن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر④ [14]. (ھۇدەيبىيەدىن) قېلىپ قالغانلار سىلەر غەنىيمەت ئالغىلى ماڭغاندا: «رۇخسەت قىلىڭلار، بىزمۇ سىلەر بىلەن چىقايلى» دەيدۇ⑤،***

① يەنى سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارغا تولۇق مۇكاپات بېرىدۇ.

② بۇلار بولسا، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمەيدۇ، دېگەنلەر ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ يۈرىكىدا تىلغا ئېلىنغان ئوي ۋە پەرەزلىرى بولۇپ، بۇ يەردە تەكىتلەش يۈزىسىدىن تەكرار كەلدى.

③ ﴿بُورًا﴾ " بَائِرٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ھالاك بولغۇچى دېگەن مەنىدە. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر. بۇلار دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئامان قالغان بولسا، ئاخىرەتتە ھەرگىز ئامان قالمايدۇ، ئۇلار ئازابقا دۇچار بولماي قالمايدۇ.

④ بۇ ئايەت ئۆمرە سەپىرىگە چىقماي قېپ قالغانلارنى تەۋبە قىلىشقا

رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىپاقتىن ئىبارەت يامان قىلمىشىغا تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

⑤ بۇ ئايەتتە خەيبەر غازىتى تىلغا ئېلىنىدى. بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ھۇدەيبىيەدە ئالدىن بىلدۈرگەن ۋە خەيبەر غازىتىدا قانچىلىك غەنىيمەت ئېلىنسا، ئۇ پەقەت ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغىلا تەقسىم قىلىنىدۇ دەپ ئىلاۋە قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن قايتقاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ ئىزچىل تۈردە ئەھدىنى بۇزغانلىقى سەۋەبىدىن خەيبەرگە قوشۇن تارتىپ بېرىش پىلانىنى تۈزدى، بۇنى ئاڭلىغان ھۇدەيبىيەگە قاتناشمىغانلارمۇ پەقەت غەنىيمەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە چىقماقچى بولۇشتى، ئەمما ئۇلارنىڭ تەلىپى رەت قىلىندى. بۇ ئايەتتىكى «غەنىيمەت» خەيبەر غەنىيمەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يُرِيدُونَ أَن يُبَدِّلُواْ كَلَـٰمَ ٱللَّهِۚ قُل لَّن تَتَّبِعُونَا كَذَٰلِكُمۡ قَالَ ٱللَّهُ
مِن قَبۡلُۖ فَسَيَقُولُونَ بَلۡ تَحۡسُدُونَنَاۚ بَلۡ كَانُواْ لَا يَفۡقَهُونَ إِلَّا
قَلِيلٗا ﴿١٥﴾ قُل لِّلۡمُخَلَّفِينَ مِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ سَتُدۡعَوۡنَ إِلَىٰ قَوۡمٍ أُوْلِي
بَأۡسٖ شَدِيدٖ تُقَٰتِلُونَهُمۡ أَوۡ يُسۡلِمُونَۖ فَإِن تُطِيعُواْ يُؤۡتِكُمُ ٱللَّهُ أَجۡرًا
حَسَنٗاۖ وَإِن تَتَوَلَّوۡاْ كَمَا تَوَلَّيۡتُم مِّن قَبۡلُ يُعَذِّبۡكُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا ﴿١٦﴾

***ئۇلار ئاللاھنىڭ (خەيبەرنىڭ غەنىيمىتى ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغا خاس دېگەن) سۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ① . (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنىڭ بىز بىلەن چىقىشىڭلارغا قەتئىي بولمايدۇ② ، ئاللاھ ئىلگىرى سىلەر توغرۇلۇق مۇشۇنداق دېگەن» دېسەڭ، ئۇلار: «ياق (ئاللاھ ئۇنداق دېمىگەن)، سىلەر بىزگە ھەسەت قىلىۋاتىسىلەر» دەيدۇ③ . (ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس)، ئەكسىچە ئۇلار (دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ) پەقەت ئاز قىسمىنىلا (يۈزەكىنە) چۈشىنىدۇ④ [15]. سەھرالىق ئەرەبلەردىن (ھۇدەيبىيەگە) چىقماي***

*قىلىپ قالغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر يېقىندا قاتتىق جەڭگىۋار بىر قەۋمگە (قارشى ئۇرۇش قىلىشقا) چاقىرىلىسىلەر. يا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر ياكى ئۇلار (ئۇرۇشسىز) مۇسۇلمان بولىدۇ (ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمايسىلەر)⑤. ئەگەر سىلەر (بۇيرۇققا) بويسۇنساڭلار⑥، ئاللاھ سىلەرگە گۈزەل مۇكاپات بېرىدۇ⑦. ئەگەر سىلەر ئىلگىرى (ھۇدەيبىيەدە بۇيرۇققا) ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقاندەك باش تارتساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازابلايدۇ⑧» [16].*

① بۇ يەردىكى «ئاللاھنىڭ سۆزى» خەيبەر غەنىيمىتىنى ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغا خاس قىلغانلىقتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇناپىقلار بۇ غەنىيمەتكە شېرىك بولماقچى، ئاللاھنىڭ سۆزىنى يەنى ۋەدىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان ئىدى.

② بۇ يەردىكى ﴿لَنْ تَتَّبِعُونَا﴾ «سىلەر ھەرگىزمۇ بىزگە ئەگىشەلمەيسىلەر» دېگەن مەنىپي پېئىل چەكلەش مەنىسىدە كەلگەن. يەنى سىلەرنىڭ بىز بىلەن بىرگە چىقىشىڭلارغا رۇخسەت يوق. ئاللاھنىڭ ئەمرىمۇ شۇنداقتۇر.

③ يەنى ھۇدەيبىيەگە چىقمىغانلار: سىلەر بىزنى غەنىيمەتتە سىلەرگە شېرىك بولۇۋالمىسۇن دەپ ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن بىزنى بىرگە ئېلىپ چىقمايۋاتىسىلەر، دەيدۇ.

④ يەنى ئىش ئۇلار چۈشەنگەندەك ئەمەس، بەلكى بۇ چەكلىمە ئۇلارنىڭ ھۇدەيبىيەگە چىقماي تۇرىۋالغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئەمما، ئۇلار ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ.

⑤ مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا بۇ «جەڭگىۋار قەۋم»نى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ھەر خىل قاراشلار بار: بىرىنچىسى، ئۇلار ھەۋازىن قەبىلىسىدۇر. بۇنى شۆئبە رىۋايەت قىلغان. ئىككىنچىسى، ھۇنەين دېگەن جايدا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشقان سەقىب قەبىلىسىدۇر. بۇنى زەھھاك ئېيتقان. ئۈچىنچىسى، مۇسەيلەمەتۇل كەززابنىڭ قەۋمى بولغان ھەنىيفە قەبىلىسىدۇر. بۇ زۆھرى ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. تۆتىنچىسى، پارسلاردۇر. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان. بەشىنچىسى، ئۇلار رۇملۇقلاردۇر. كەئب ئەھبار شۇنداق دېگەن. ئالتىنچىسى، ئۇلار پارسلار بىلەن رۇملۇقلاردۇر. بۇ ھەسەن ۋە قەتادىنىڭ

سۆزى. يەتتىنچىسى، ئۇلار بۆتپەرەسلەردۇر. بۇ مۇجاھىدنىڭ سۆزىدۇر. بۇ يەردە ئارقىدا قىپ قالغان ئەئرابلارغا دېيىلىۋاتىدۇكى، سىلەر پات يېقىندا جەڭگىۋار بىر قەۋم بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىلىسىلەر. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولماي قالسا، سىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش بولىدۇ.

⑥ يەنى سەممىلىك بىلەن مۇسۇلمانلار سېپىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلساڭلار.

⑦ يەنى ئاللاھ سىلەرگە دۇنيادا غەنىيمەت ئاتا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

⑧ يەنى ھۇدەيبىيە بەيئىتى بولغاندا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە مەككىگە بېرىشتىن يالتىيىۋالغاندەك، ئەمدى يەنە جىھاد قىلىشتىن قاچساڭلار، ئاللاھ تەييارلىغان قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىسىلەر.

لَّيْسَ عَلَى ٱلْأَعْمَىٰ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْمَرِيضِ
حَرَجٌ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ يُدْخِلْهُ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا
ٱلْأَنْهَٰرُ وَمَن يَتَوَلَّ يُعَذِّبْهُ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٧﴾ ۞ لَّقَدْ رَضِىَ ٱللَّهُ عَنِ
ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ ٱلشَّجَرَةِ فَعَلِمَ مَا فِى قُلُوبِهِمْ فَأَنزَلَ
ٱلسَّكِينَةَ عَلَيْهِمْ وَأَثَٰبَهُمْ فَتْحًا قَرِيبًا ﴿١٨﴾ وَمَغَانِمَ كَثِيرَةً
يَأْخُذُونَهَا وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿١٩﴾

***(جىھادقا چىقمىغان) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، بىمارغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ①، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقىشتىن) باش تارتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى (دۇنيادا خورلۇق بىلەن، ئاخىرەتتە ئوت بىلەن) قاتتىق ئازابلايدۇ [17]. (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەر ساڭا (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلىۋاتقاندا، ئاللاھ ئۇلاردىن***

***ھەقىقەتەن رازى بولدى②. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى③، ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى④ ۋە ئۇلارنى يېقىندا قولغا كېلىدىغان بىر غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن⑤ ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى⑥. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [19 ـ 18].***

① كۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان ئادەم ۋە داۋاملىق ئاقساپ ماڭىدىغان توكۇر ئادەمنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. مەزكۇر ئۆزرۈرلۈك كىشىلەر ياكى شۇلارغا ئوخشاش ئۆزرىسى بار كىشىلەر جىھادقا چىقىشتىن مۇستەسنا قىلىندى. ﴿حَرَجٌ﴾ گۇناھ مەنىسىدە. كېسەللىك ۋاقىتلىق ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر راستتىنلا كېسەل بولغان بولسا، جىھادقا قاتنىشىشتىن مۇستەسنا قىلىنىدۇ. ئەگەر كېسەلدىن ساقايسا، باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن جىھادقا قاتنىشىشتا ئوخشاش ھۆكۈمدە بولىدۇ.

② بۇ ئايەت رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ئاللاھ رىزالىقىغا ئېرىشكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سادىق مۇئمىنلەردىن بولغانلىقىغا بېرىلگەن شاھادەتنامىدۇر. ئۇلار ھۇدەيبىيەدە بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قول بېرىپ، «قۇرەيشلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز ۋە قەتئىي قاچمايمىز» دەپ ئەھدە قىلدى.

③ يەنى ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى راستچىللىق ۋە ۋاپادارلىقتىن ئاللاھ تائالا تولۇق خەۋەردار ئىدى. بۇ ئايەت ساھابىلەرگە تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلارنى زاھىرىدا ئىمان ئېيتقان، دىللىرىدا مۇناپىقلىق بار كىشىلەر ئىدى، دەيدىغان ساھابە دۈشمەنلىرىگە رەددىيەدۇر.

④ يەنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىن قورقۇنچىنى كۆتۈرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا خاتىرجەملىك، تەمكىنلىك ۋە چىدامچانلىقنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۇرۇش قىلىش قىزغىنلىقى ئاشتى. دېمەك، ئۇلار قورالسىز ئىدى، ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوق ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردا يېتەرلىك قورال-ياراق يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، قىلچىمۇ

تەرەددۇتلەنمەستىن ھەممىسى بىردەك ئۇرۇش قىلىشقا تەييار بولدى.

⑤ بۇ يەردىكى «غەلىبە» يەھۇدىيلارنىڭ جەمگاھى بولغان خەيبەرنىڭ فەتھىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەرنى فەتھى قىلدى.

⑥ بۇ يەردىكى «نۇرغۇن غەنىيمەتلەر» خەيبەردە قولغا چۈشكەن غەنىيمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. خەيبەر بايلىقى كۆپ، زىرائەتلىرى مول بىر يۇرت ئىدى. شۇڭا، بۇ يەردىن مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ غەنىيمەتكە ئېرىشتى. بۇ غەنىيمەتلەر ھۇدەيبىيەگە قاتناشقانلارغىلا تەقسىم قىلىندى.

وَعَدَكُمُ ٱللَّهُ مَغَانِمَ كَثِيرَةً تَأۡخُذُونَهَا فَعَجَّلَ لَكُمۡ هَٰذِهِۦ وَكَفَّ
أَيۡدِيَ ٱلنَّاسِ عَنكُمۡ وَلِتَكُونَ ءَايَةً لِّلۡمُؤۡمِنِينَ وَيَهۡدِيَكُمۡ
صِرَٰطًا مُّسۡتَقِيمًا ﴿٢٠﴾ وَأُخۡرَىٰ لَمۡ تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهَا قَدۡ أَحَاطَ ٱللَّهُ
بِهَاۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ قَدِيرًا ﴿٢١﴾ وَلَوۡ قَٰتَلَكُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
لَوَلَّوُاْ ٱلۡأَدۡبَٰرَ ثُمَّ لَا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿٢٢﴾

ئاللاھ سىلەر ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى سىلەرگە ۋەدە قىلدى① ، بۇنى (يەنى خەيبەرنىڭ غەنىيمىتىنى) ھەممىدىن بۇرۇن ئاتا قىلدى② ، سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى③ .

***بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى) مۆئمىنلەرگە (ئاللاھنىڭ ياردەم قىلغانلىقىغا) بىر بەلگە بولۇپ قېلىشى④ ۋە سىلەرنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈندۇر⑤ [20]. يەنە سىلەر ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن قولغا كەلتۈرەلمىگەن، ئاللاھ (سىلەر ئۈچۈن) ساقلاپ قويغان باشقا غەنىيمەتلەرنىمۇ (جۈملىدىن مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىنىمۇ) ۋەدە قىلدى⑥. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [21]. ئەگەر كاپىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيەدە) ئۇرۇشقان بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە، ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى، ئاندىن (ئۆزلىرىگە) ھېچبىر ئىگە بولغۇچى ۋە ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى تاپالمايتتى⑦ [22].***

① بۇ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان فەتھ ۋە غەلىبىلەر نەتىجىسىدە قىيامەتكە قەدەر مۇسۇلمانلار ئېرىشىدىغان غەنىيمەتلەرنىڭ بېشارىتىدۇر.

② يەنى خەيبەرنىڭ غەلىبىسى ياكى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ غەلىبىسىدىن كەلگەن غەنىيمەتلەرنى ئاتا قىلدى. بۇ غەنىيمەتلەر مۇسۇلمانلارغا ھەممىدىن بۇرۇن ھاسىل بولدى.

③ ئاللاھ تائالا ھۇدەيبىيەدە مۇشرىكلارنى مۇسۇلمانلارغا قول سېلىشتىن، خەيبەردە يەھۇدىيلارنى مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن توستى. يەنى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

④ يەنى بەلگە بولۇپ قىلىشى شۇ تەرىقىدىكى، مەزكۇر ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇقۇغان كىشىلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلغانلىقى ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلارنى مۇسۇلمانلارغا قول سېلىشتىن توسقانلىقى، ئېلىنغان غەنىيمەتلەر ۋە مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى كۆرگەن كىشىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە، ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. دېمەك، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ راستچىللىقىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

⑤ يەنى بۇ بەلگە ئارقىلىق سىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ۋە سىلەرنى ھىدايەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان قىلىش ئۈچۈندۇر. يەنە بىر مەنىسى، بۇ بەلگە ئارقىلىق سىلەرنى ھىدايەتكە ۋە توغرا يولغا تېخىمۇ مۇۋەپپەق قىلىش ئۈچۈندۇر.

⑥ بۇ ئايەت كەلگۈسىدە قولغا كېلىدىغان غەلىبىلەر، ئۇلاردىن ھاسىل بولغۇسى غەنىيمەت تەرەپكە ئىشارە قىلىدۇ. خۇددى بىر جاينى قوغداش ئۈچۈن تۆت ئەتراپىغا تام توسۇپ قويۇلسا، ئۇ جاينىڭ ئامانلىقىدىن خاتىرجەم بولغانغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالا مەزكۇر غەلىبىلەرنى ئۆزىنىڭ قۇدرىتى دائىرىسىدە ساقلاپ قويغاندۇر. يەنى سىلەر فەتھ قىلغان جايلارنىڭ دائىرىسى تېخى ئۇ ساقلاپ قويۇلغان چېگرالارغىچە كېڭەيمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇ فەتھى ۋە غەلىبىلەرنى سىلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويدى. ئۇ خالىغان چاغدا، ئۇ غەلىبىلەرنى سىلەرگە ئاتا قىلىدۇ، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿أَحَاطَ﴾نى " عَلِمَ" مەنىسىدە دەپ ئالىدۇ. يەنى ئاللاھ سىلەرنىڭ باشقا جايلارنىمۇ فەتھ قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ.

⑦ بۇ يەردە ھۇدەيبىيەدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۇرۇش ھەققىدە دېيىلىۋاتىدۇكى، ئەگەر قۇرەيشلەر سۈلھى قىلىشنى تاللىماستىن ئۇرۇش قىلىشنى تاللىغان بولسا، ئۇرۇشتا چېكىنىپ قاچقان بولاتتى، ئۇلارنى قوغدىغان ھېچبىر مەدەتكار بولمىغان بولاتتى. دېمەك بۇ ئايەت، بىز ئۇ يەردە سىلەرگە ياردەم قىلاتتۇق، بىزگە قارشى تۇرالايدىغان كۈچ كىمدە بار؟ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سُنَّةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلُۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗا ﴿٢٣﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي كَفَّ أَيۡدِيَهُمۡ عَنكُمۡ وَأَيۡدِيَكُمۡ عَنۡهُم بِبَطۡنِ مَكَّةَ مِنۢ بَعۡدِ أَنۡ أَظۡفَرَكُمۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرًا ﴿٢٤﴾ هُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّوكُمۡ عَنِ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ وَٱلۡهَدۡيَ مَعۡكُوفًا أَن يَبۡلُغَ مَحِلَّهُۥۚ

*بۇ (يەنى كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش، مۇئمىنلەرنى غەلىبە قىلدۇرۇش) ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان يولىدۇر (يەنى قانۇنىيىتىدۇر)①، ئاللاھنىڭ يولىدا (يەنى قانۇنىيىتىدە) ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى ئاللاھنىڭ تۇتقان يولى ۋە قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ) [23]. ئاللاھ مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيەدە) سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن، سىلەرنىمۇ ئۇلارغا قول سېلىشتىن توسقان زاتتۇر②. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [24]. ئۇلار كاپىر بولغان، سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن ۋە قۇربانلىق ئۈچۈن توختۇتۇلغان (ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىشقا ئاتالغان) چارۋىلارنى ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توسقانلاردۇر③.*

① يەنى ئاللاھنىڭ بۇ تۇتقان يولى ۋە قانۇنىيىتى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ

كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەر ئارىسىدا كەسكىن ئۇرۇش بولسا، ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىپ، ھەقنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ مۇشۇ قانۇنىيىتى بويىچە بەدرىدە سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىندى.

② ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ھۇدەيبىيەدە تۇرغان كۈنلەردە كاپىرلار مەككىدىن تولۇق قوراللانغان 80 ئادەمنى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى، پۇرسەت تېپىلسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. بۇ قوراللىق كىشىلەر تەنئىم تېغى تەرەپتىن ھۇدەيبىيەگە كەلدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ قىلىپ، چاققانلىق بىلەن ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ، ھەممىنى ئەسىرگە ئالدى. ئاندىن ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئېغىر بولغاچقا، ھەرقانچە قاتتىق جازا بېرىلسىمۇ توغرا بولاتتى. لېكىن ئۇنداق قىلسا، قۇرەيشلەر بىلەن چوقۇم ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۇرۇش قىلماي، سۈلھى قىلىشنى خالايتتى. چۈنكى، سۈلھى قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلىپ، قويۇپ بەردى. (سەھىھۇل بۇخارى 1808 - ھەدىس) ﴿بَطْنِ مَكَّةَ﴾ دېگەن ھۇدەيبىيە دېگەن جاينى كۆرسىتىدۇ. يەنى ھۇدەيبىيەدە بىز كاپىرلارنى سىلەر بىلەن، سىلەرنى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇشتىن ساقلىدۇق. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان بىر ياخشىلىق (ئىنئام) سۈپىتىدە تىلغا ئالدى.

③ ﴿الْهَدْيَ﴾ ھەج ياكى ئۆمرىگە ماڭغان ئادەم مەككىگە ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلايدىغان مال-چارۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ھەرەمگە مال-چارۋا ئېلىپ كەلمىسە، شۇ يەردىن سېتىۋېلىپ بوغۇزلايدۇ. ﴿مَحِلَّ﴾ (ھالال بولىدىغان جاي) يەنى قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ، ئېھرامدىن چىقىدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ. جاھىلىيەت زامانىدا ئۆمرە قىلغۇچىلار مەرۋە تېغىنىڭ يېنىدا، ھەج قىلغۇچىلار مىنادا قۇربانلىق قىلاتتى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن مەككە، مىنا ۋە ھەرەمنىڭ چېگرا دائىرىسى ئىچىدىكى ھەممە جاينى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان جاي قىلىپ بەلگىلىدى. ﴿مَعْكُوفًا﴾ قۇربانلىق قىلىنىشى ئۈچۈن مەككىگە كىرىشنى

كۆتۈپ، تۇتۇپ تۇرۇلغان دېگەن مەنىدە. دېمەك بۇ كاپىرلار سىلەرنىمۇ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توستى ۋە سىلەر ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىق ماللارنىمۇ توسۇپ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان جايغا يېتىپ بېرىشكە يول قويمىدى.

وَلَوْلَا رِجَالٌ مُّؤْمِنُونَ وَنِسَآءٌ مُّؤْمِنَٰتٌ لَّمْ تَعْلَمُوهُمْ أَن تَطَـُٔوهُمْ فَتُصِيبَكُم مِّنْهُم مَّعَرَّةٌۢ بِغَيْرِ عِلْمٍۖ لِّيُدْخِلَ ٱللَّهُ فِى رَحْمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ لَوْ تَزَيَّلُوا۟ لَعَذَّبْنَا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿٢٥﴾ إِذْ جَعَلَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فِى قُلُوبِهِمُ ٱلْحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَعَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ

***(مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان (نۇرغۇن) ئەر - ئايال مۆئمىنلەر بولۇپ①، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھكار بولۇپ قېلىشىڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى② (ئەلۋەتتە ئاللاھ مەككىگە كىرىپ ئۇرۇش قىلىشىڭلارغا رۇخسەت قىلاتتى)③، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتى (دائىرىسىگە) كىرگۈزۈش ئۈچۈن (سىلەرنى مەككىنى پەتھى قىلىشتىن توستى)④. ئەگەر (مۆئمىنلەر كاپىرلاردىن) ئايرىلىپ تۇرغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى (ئەڭ) دەرتلىك ئازاب بىلەن جازالايتتۇق⑤ [25]. كاپىرلار مۇتەئەسسىپلىكنى — (بولۇپمۇ) جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكنى⑥ — دىللىرىغا پۈككەن چاغدا⑦، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە تەمكىنلىكنى چۈشۈردى.***

① ئۇلار مەككىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مەخپىي تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

② كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى ۋە سىلەرگە زەرەر-زەخمەت يەتكەن بولاتتى. ﴿مَعَرَّةٌ﴾نىڭ ئەسلىي مەنىسى ئەيىب دېمەكتۇر. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن مەقسەت كاپىرلار تەرىپىدىن سىلەرگە يېتىدىغان يامان ئاتاق،

شەرمەندىچىلىك ۋە گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن ئىبارەت. بىرىنچىدىن: خاتا ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە دىيەت تۆلەپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئىككىنچىدىن: كاپىرلارنىڭ، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەمراھلىرىنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ، دەيدىغان تەنە سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا توغرا كېلەتتى.

③ بۇ ﴿لَوْلَا﴾ «ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا» دېگەن شەرتنىڭ جاۋابىدۇر. يەنى ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، سىلەرنىڭ مەككىگە كىرىپ قۇرەيشلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىنغان بولاتتى.

④ يەنى مەككە ئەھلىدىن ئاللاھ خالىغان كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا مۆھلەت بەردى.

⑤ ﴿تَزَيَّلُوا﴾ " تَمَيَّزُوا " ئايرىلىپ تۇرغان بولسا دېگەن مەنىدە. دېمەك مەككىدە تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلار كاپىرلاردىن ئايرىم بىر جايدا ياشىغان بولسا ئىدى، بىز سىلەرنى مەككە ئەھلى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلاتتۇق. ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن ئۆلتۈرۈپ، قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغان بولاتتۇق. «قاتتىق ئازاب» دېگەندىن بۇ يەردە ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑥ كاپىرلارنىڭ بۇ جاھىلانە مۇتەئەسسىپلىكى (تەكەببۇرلۇقى، ئار-نومۇس ۋە غورۇر تۇيغۇسى) دېگەن مۇسۇلمانلارنى مەككىگە كىرىشتىن توسقانلىقىدىن ئىبارەت ئەسەبىيلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار: مۇسۇلمانلار بىزنىڭ ئوغۇللىرىمىز ۋە ئاتىلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن، لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئۇلارنى مەككىگە قەتئىي كىرگۈزمەيمىز، دېدى. دېمەك ئۇلار بۇ مەسىلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيى ۋە غورۇرىغا تاقىشىدىغان مەسىلە قىلىۋالدى. شۇڭا، بۇ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى، ئەسەبىيلىكى ۋە قىزىققانلىقى دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ھەرەمگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنى توسۇشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق ئىدى. قۇرەيشلەرنىڭ تەرسالىق بىلەن تۇتقان بۇنداق پوزىتسىيەسىگە قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ قاتتىق غەزەپلىنىشى، مەككىگە كىرىشتە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى ئىززەت-ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق دەپ قاراپ، مەككىگە كىرىشتە چىڭ تۇرىشى، نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا، مۇسۇلمانلار تېخىمۇ خەتەرلىك

ئەھۋالدا قالاتتى. (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك) شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى. يەنى ئۇلارنى جىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىققا مۇۋەپپەق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھۇدەيبىيەدە كۈتۈپ تۇردى، ھېسسىيات ۋە ھاياجانغا بېرىلىپ، مەككىگە كىرىشكە ئۇرۇنمىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى» دېگەن قۇرەيشلەرنىڭ سۈلھى ماددىلىرىنى يازغاندا تۇتقان ئوسال پوزىتسىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە بىلەن كېلىشىمدىكى ماددىلار مۇسۇلمانلارغا ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كەلگەن ئىدى، ئەمما نەتىجە ئېتىبارى بىلەن كېلىشىم مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، كېلىشىم مۇسۇلمانلارغا ھەر قانچە ھەقسىز تۇيۇلۇپ، ئېغىر كەلسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشكە ھىممەت ۋە تەمكىنلىك ئاتا قىلدى. بۇنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەر ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە بۇ يىل مۇسۇلمانلار مەككىگە ئۆمرە ئۈچۈن كىرمەي، مۇشۇ جايدىنلا قايتىپ كېتىشكە رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى توختامنامىنى يېزىشقا بۇيرىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دەپ يازدى. ئەلچىلەر ئېتىراز بىلدۈرۈپ : «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان» دېگەن سۆزنى بىلمەيمىز. بىزدە ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان " بِاسْمِكَ اللَّهُمَّ " «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن» دېگەن ئىبارىنى يازسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن، دەپ يازغىن» دېدى. ئاندىن: «بۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ مەككە ئەھلى بىلەن قىلىشقان سۈلھىسىدۇر دەپ يازغىن» دېدى. ئەلچىلەر: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلمىزكى، مانا بۇ دەل سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنىڭ ئاساسىدۇر، ئەگەر بىز سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغان بولساق، سېنى بەيتۇللاھتىن توسمايتتۇق ۋە سەن بىلەن ئۇرۇشمۇ قىلمايتتۇق. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد دەپ يېزىشنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد دەپ يازسۇن، دېدى. (بۇ شەرتلەر مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەنلىكتىن پارتلاپ كەتكىلى تاس قالدى، ئەگەر ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا تەمكىنلىك ئاتا قىلمىغان بولسا، ئۇلار ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمىگەن

بولاتتى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەلى! يازغىنىڭنى ئۆچۈرۈپ، بۇ ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ مەككە ئەھلى بىلەن قىلىشقان سۈلھىسىدۇر دەپ يازغىن» دېدى. ئەلى «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد» دېگەن ئىبارىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈرۈشكە كۆڭلى بارمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە: شۇ ئىبارىنى ماڭا كۆرسەتكىن، دېدى، ئەلى ئۇنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈردى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد دەپ يازدۇردى. ئاستىغا سۈلھىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك بېتىملىرى يېزىلدى: 1-مەككە ئەھلىدىن كىم مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىگە بارسا، ئۇ مەككىگە قايتۇرۇلىدۇ. 2-مەككىگە قېچىپ كەلگەن مۇسۇلمانىنى مەككە ئەھلى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. 3-مۇسۇلمانلار كېلەر يىلى مەككىگە كېلىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئۆمرە قىلىدۇ، يالىڭاچ قورالدىن باشقا قورال-ياراقلارنى بىرگە ئېلىپ كېلىشكە بولمايدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 2669-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1783-ھەدىس) سىيرەت پۈتۈكچىلىرى كېلىشىمنىڭ تېكىستىنى مۇنداق بايان قىلدى: ئىككى تەرەپ شۇنىڭغا سۈلھ قىلىپ كېلىشتىكى، 1-ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئون يىل ئۇرۇش توختىتىلىدۇ، بۇ مۇددەتتە ئىككى تەرەپ خەلقى بىر-بىرىدىن ئەمىن بولىدۇ. 2-قۇرەيش تەرەپتىن ئىگە-چاقىسىنىڭ رۇخسىتىسىز (قېچىپ) كەلگەن ھەر قانداق ئادەم قۇرەيشكە شەرتسىز قايتۇرۇلىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار تەرەپتىن مەككىگە قېچىپ بارغانلارنى مەككە ئەھلى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. 2-ھەر قايسى قەبىلىلەر خالىسا مۇھەممەدنىڭ ھىمايىسىگە كىرسىمۇ، خالىسا قۇرەيشنىڭ ھىمايىسىگە كىرسىمۇ بولىدۇ، تاللاش ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولىدۇ. (بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خۇزائە قەبىلىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىگە، بەنۇ بەكىر قەبىلىسى قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىردى). 4-مۇسۇلمانلار بۇ يىل مەككىگە كىرمەي قايتىپ كېتىدۇ، كېلەر يىلى قايتا كېلىپ، مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇشقا بولىدۇ، مەككىگە مۇساپىرلار ھەمرا قىلىدىغان ياراق ۋە قىنىغا سېلىنغان قىلىچتىن باشقا قورال-ياراقلارنى بىرگە ئېلىپ كىرمەيدۇ. (ئەلبىدايە ۋەننىھايە 4-توم، 170-بەت) ئون يىل ئۇرۇش قىلماسلىق دېگەن ماددىنى ئىمام ئەبۇ داۋۇدمۇ نەقىل قىلغان. (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 2766-ھەدىس)

⑦ بۇ يەردە «چاغدا» دېگەن سۆزنىڭ ۋاقىت كېلىشى بىر بولسا، «ئۇلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق» دېگەن جۈملە بولىدۇ ياكى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان «ياد ئېتىڭلار» دېگەن ئىبارە بولىدۇ .يەنى ﴿كاپىرلار

مۇتەئەسسىپلىكنى-(بولۇپمۇ) جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىنى-دىللىرىغا پۈككەن چاغنى﴾ ياد ئېتىڭلار.

وَأَلْزَمَهُمْ كَلِمَةَ ٱلتَّقْوَىٰ وَكَانُوٓا۟ أَحَقَّ بِهَا وَأَهْلَهَا ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ
شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٢٦﴾ لَّقَدْ صَدَقَ ٱللَّهُ رَسُولَهُ ٱلرُّءْيَا بِٱلْحَقِّ ۖ لَتَدْخُلُنَّ
ٱلْمَسْجِدَ ٱلْحَرَامَ إِن شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ مُحَلِّقِينَ رُءُوسَكُمْ
وَمُقَصِّرِينَ لَا تَخَافُونَ ۖ فَعَلِمَ مَا لَمْ تَعْلَمُوا۟ فَجَعَلَ مِن دُونِ ذَٰلِكَ
فَتْحًا قَرِيبًا ﴿٢٧﴾ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ
لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا ﴿٢٨﴾

***ئۇلارنى تەقۋالىق كەلىمىسى (ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، دېگەن سۆز) دە مۇستەھكەم قىلدى① . ئۇلار شۇنىڭغا ئەڭ لايىق ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئىدى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [26]. ھەقىقەتەن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە راست چۈش كۆرسەتتى② . (ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) ئاللاھ خالىسا ، (دۈشمەندىن) ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) چېچىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا ، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر. ئاللاھ (سۈلھىتىكى) سىلەر بىلمەيدىغاننى (يەنى پايدىنى) بىلدۇ③ . شۇڭا ، ئاللاھ بۇنىڭدىن (سىلەر مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن) بۇرۇن (سىلەرگە) يېقىنقى بىر غەلىبىنى (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھىسىنى) ئاتا قىلدى④ [27]. ئاللاھ ھەق دىننى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن⑤ ، پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر. (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە) گۇۋاھلىق بېرىشكە ئاللاھ يېتەرلىكتۇر [28].***

① بۇ يەردىكى «تەقۋالىق كەلىمىسى» كەلىمە تەۋھىد ۋە ئىمان كەلىمىسى بولغان "لا إله إلا الله محمد رسول الله" «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ

ئەلچىسىدۇر» دېگەن ئىبارە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھۇدەيبىيە كۈنى مۇشرىكلار ئىنكار قىلغان كەلىمىدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ياكى ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيە كۈنى كۆرسەتكەن سەۋرچانلىق، تەمكىنلىك ۋە ئېغىر بېسىقلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى تەقۋالىقنىڭ نەتىجىسى بولغان ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ۋە ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② ھۇدەيبىيە ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە بېرىپ، تاۋاپ ۋە ئۆمرە قىلىپ چۈش كۆرگەن ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ كۆرگەن چۈشى ۋەھىينىڭ ئورنىدا بولاتتى يەنى بۇيرۇق ھېسابلىناتتى. ئەمما، بۇ چۈشتە ئۆمرىنىڭ مۇشۇ يىل بولىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ئۇنىڭدا بۇيۈك بىر بېشارەت بار دەپ چۈشۈنۈپ، ئۆمرە قىلىشقا تېزلا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى ۋە ئۆمرىگە بېرىشنى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىكتە يولغا چىقتى. ئاخىرى ھۇدەيبىيەگە كېلىپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈلھىنى تۈزدى. ۋەھالەنكى، ئاللاھنىڭ ئىلمىدە بۇ چۈشتىكى ئەھۋال كېلەر يىلى ۋۇجۇتقا چىقاتتى، ھەقىقەتتە كېلەر يىلى مۇسۇلمانلار ناھايىتى خاتىرجەم بىر شەكىلدە ئۆمرە قىلدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى كۆرگەن چۈشنى ئەمەلىيەتتە راست قىلىپ كۆرسەتتى.

③ يەنى ئەگەر ھۇدەيبىيەدە سۈلھى بولماي، مەككە ئەھلى بىلەن ئۇرۇش بولغان بولسا، مەككىدە ياشاۋاتقان ئاجىز مۇسۇلمانلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولاتتى. سۈلھىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پايدىلىرىنى ئاللاھ ئۆزى بىلەتتى.

④ بۇ يەردىكى غەلىبىدىن خەيبەرنىڭ فەتھىسى، مەككىنىڭ فەتھىسى يەنە سۈلھىنىڭ نەتىجىسىدە كۆپ كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، بۇلارمۇ فەتھنىڭ چوڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1،500 ئىدى، شۇنىڭدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھى قىلىپ كىرگەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ سانى 10،000غا يەتتى.

⑤ ئىسلامنىڭ باشقا دىنلاردىن ئۈستۈنلۈكى دەلىل-ئىسپات جەھەتتىنغۇ ھەر ۋاقىت ئېتىراپ قىلىنغان بىر مەسىلە. يەنە دۇنيا ئىشلىرى ۋە ئەسكىرىي جەھەتتىنمۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن تارتىپ نەچچە ئەسىرلەرگىچە، مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا ئەمەل قىلىپلا تۇرغاندا، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ كەلگەن. بۈگۈنمۇ ماددىي جەھەتتىن غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەش ئەلۋەتتە مۇمكىن. شەرتى شۇكى، مۇسۇلمانلار سەممىي مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار سىلەر ھەممىدىن ئۈستۈن بولىسىلەر﴾. (سۈرە ئال ئىمران 139-ئايەت) بۇ مەغلۇپ بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت غالىب بولۇش ئۈچۈنلا كەلگەن دىندۇر.

مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِۚ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ أَشِدَّآءُ عَلَى ٱلۡكُفَّارِ رُحَمَآءُ بَيۡنَهُمۡۖ
تَرَىٰهُمۡ رُكَّعٗا سُجَّدٗا يَبۡتَغُونَ فَضۡلٗا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضۡوَٰنٗاۖ سِيمَاهُمۡ فِي
وُجُوهِهِم مِّنۡ أَثَرِ ٱلسُّجُودِۚ ذَٰلِكَ مَثَلُهُمۡ فِي ٱلتَّوۡرَىٰةِۚ وَمَثَلُهُمۡ فِي
ٱلۡإِنجِيلِ كَزَرۡعٍ أَخۡرَجَ شَطۡـَٔهُۥ فَـَٔازَرَهُۥ فَٱسۡتَغۡلَظَ فَٱسۡتَوَىٰ عَلَىٰ
سُوقِهِۦ يُعۡجِبُ ٱلزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ ٱلۡكُفَّارَۗ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِنۡهُم مَّغۡفِرَةٗ وَأَجۡرًا عَظِيمَۢا ٢٩

***مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار كاپىرلارغا قاتتىق قولدۇر، ئۆزئارىسىدا كۆيۈمچاندۇر، سەن ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان ۋە سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى سەجدىنىڭ ئەسەرلىرىدىن يۈزلىرىدە (ئاشكارىدۇر). ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى شۇكى①، (ئۇلار) بىخ ئۈرۈپ چىقىپ②، كۈچلىنىپ، غولى چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، (بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن) دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ③. (مۇئمىنلەرنى بۇنداق ئوخشىتىش) مۇئمىنلەر ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر④. ئاللاھ ئۇلارنىڭ***

*ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەتنى ۋە كاتتا ئەجىرنى ۋەدە قىلدى⑤ [29].*

① بۇ ئايەتنى ﴿وَالْإِنْجِيلِ﴾ دېگەن جايدا توختاپ ئوقۇغاندا ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: بۇ ئۇلارنىڭ، قۇرئاندىكى سۈپەتلىرىگە ئوخشاش، تەۋراتتىكى ۋە ئىنجىلدىكى سۈپىتىدۇر. بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ﴿كَزَرْعٍ﴾نىڭ ئالدىدا «ئۇلار» دېگەن ئىگىلىك ئالماش جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿فِي التَّوْرَاةِ﴾ دېگەن جايدا توختاپ ئوقۇيدۇ. يەنى بۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر ۋە ﴿مَثَلُهُمْ فِي الْإِنْجِيلِ﴾ ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى (يەنى مىسالى) شۇكى، دېگەننى ﴿كَزَرْعٍ﴾ بىلەن باغلايدۇ. يەنى «ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى (يەنى مىسالى) شۇكى، ... زىرائەتكە ئوخشايدۇ». (فەتھۇلقەدىر)

② ﴿شَطْئَهُ﴾ دېگەن زىرائەتنىڭ دەسلەپتىكى كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇرۇقنى يېرىپ مايسا بولۇپ سىرتقا چىقىدۇ.

③ بۇ ساھابە كىراملارنىڭ مىسالىدۇر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). دەسلەپتە ئۇلار ئاز ئىدى، كېيىن سانى كۆپەيدى، كۈچى زورايدى، خۇددى زىرائەتكە ئوخشاش، باشتا ئاجىز بولىدۇ، كېيىن ئاستا-ئاستا كۈچلىنىدۇ تاكى ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغىدەك چوڭ بولۇپ يېتىلىدۇ.

④ يەنى كاپىرلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، خاپا بولسۇن ئۈچۈندۇر. يەنى ساھابە كىراملارنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ زىيادە بولۇپ كېتىشى ھەقىقەتەن كاپىرلارنى بىئارام قىلىپ، ئاچچىغىنى كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئىسلامنىڭ دائىرىسى كېڭىيىۋاتقان، كۇفرىنىڭ دائىرىسى تارىيىۋاتقان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى. بەزى فىقھشۇناس ئىماملار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى يامان كۆرگەن ۋە دۈشمەن تۇتقانلارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم چىقارغان. ئۇ ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ باشقا خاتا ئەقىدىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىغا يېتەرلىك دەلىلدۇر.

⑤ بۇ ئۇزۇن ئايەتنىڭ ھەر بىر بۆلۈمى ساھابە كىراملارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، پەزىلىتى، ئاخىرەتتىكى مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىرگە نائىل بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنى بىلگەندىن

كېيىن يەنە ساھابە كىراملارنىڭ ئىمانىغا شەك كەلتۈرىدىغانلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلسا، ئۇلارنى بەرھەق مۇسۇلمان دېيىشكە بولامدۇ؟

# سۈرە ھۇجۇرات

| (٤٩) سورة الحجرات مدنية ١٨ آية | (49) سۈرە ھۇجۇرات مەدىنىدە چۈشكەن 18 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيِ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ١ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَرۡفَعُوٓاْ
أَصۡوَٰتَكُمۡ فَوۡقَ صَوۡتِ ٱلنَّبِيِّ وَلَا تَجۡهَرُواْ لَهُۥ بِٱلۡقَوۡلِ كَجَهۡرِ
بَعۡضِكُمۡ لِبَعۡضٍ أَن تَحۡبَطَ أَعۡمَٰلُكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تَشۡعُرُونَ ٢

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! (ھېچقانداق ئىشتا) ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالماڭلار①، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [1]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلار تۇيماستىن، ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىش (خەۋپى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەرگە سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار، بىر-بىرىڭلار بىلەن (تۇۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار② [2].***

★پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا ئوقۇيدىغان سۈرىلەرنى ئۈچ بۆلۈمگە بۆلگەن بولۇپ، «ئۇزۇن سۈرىلەر»، «ئوتتۇرھال سۈرىلەر»، «قىسقا سۈرىلەر»دىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ «ئۇزۇن سۈرىلەر»دىكى بىرىنچى سۈرىدۇر. سۈرە ھۇجۇراتتىن سۈرە نازىئاتقىچە بولغان سۈرىلەر «ئۇزۇن سۈرىلەر»دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار سۈرە قافنى بىرىنچى سۈرە دەپ قارايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر ۋە فەتھۇلقەدىر) بۇ «ئۇزۇن سۈرىلەر»نى بامدات نامىزىدا ئوقۇش سۈننەت ۋە مۇستەھەبتۇر. سۈرە ئەبەسە دىن باشلاپ سۈرە شەمسىگىچە كەلگەن سۈرىلەر ئۇزۇنمۇ ئەمەس، قىسقىمۇ ئەمەس، «ئوتتۇرھال سۈرىلەر»، سۈرە زۇھادىن باشلاپ سۈرە ناسقىچە كەلگەن سۈرىلەر «قىسقا سۈرىلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. پېشىن نامىزى بىلەن خۇپتەن نامازلىرىغا «ئوتتۇرھال سۈرىلەر» ۋە شام نامىزىغا «قىسقا سۈرىلەر»نى ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. (ئەيسەر تەپاسىر)

① بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، دىن ئىشىدا ئۆز ئالدىڭلارغا ھېچقانداق ھۆكۈم چىقارماڭلار، يەنە ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە، ئۆز رايىڭلارنى ئۈستۈن ئورۇندا قويۇپ، ئىش قىلماڭلار، بەلكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان ئاساستا ئىش قىلىڭلار. ئۆز تەرىپىڭلاردىن دىنغا بىر نەرسە قوشۇپ قويماڭلار. دىنغا بىر نەرسە قوشۇپ قويۇش، يېڭى بىدئەتلەرنى پەيدا قىلىش ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. قاپ يۈرەكلىك بىلەن دىنغا بىر نەرسە قوشۇپ قويۇشقا ئۇرۇنۇش ئىمان ئەھلىگە لايىق ئەمەس. شۇنىڭدەك قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئوبدان ئىزدەنمەي تۇرۇپ پەتىۋا بېرىش، پەتىۋا بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىغا زىت كېلىدىغانلىقى ئېنىقلانسىمۇ، ئۇ پەتىۋادا چىڭ تۇرۇۋېلىشمۇ ئايەتتىكى ھۆكۈمگە خىلاپتۇر. مۇئمىن دېگەن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرى كەلگەندە ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ئېتىراز بىلدۈرمەستىن پۈتۈنلەي بويسۇنغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى ئۆزىنىڭ رايىنى ياكى قايسىبىر ئالىمنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالمايدۇ.

② بۇ ئايەتلەردە ھەربىر مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش، ئېھتىرام بىلدۈرۈش، ئىززەتلەش ئەدەپ-قائىدىلىرى بايان قىلىندى. بۇ ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ بىرىنچىسى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار جايدا باشقىلار بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا گەپلەشمەسلىك. ئىككىنچىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى

بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتا تەمكىنلىك ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن سۆزلىشىش، يەنە باشقىلار بىلەن تەكەللۇپسىز پاراڭلاشقاندەك يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمەسلىك. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇنىڭ مەنىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ئى ئەھمەد! ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىرماڭلار، بەلكى ئەدەپ بىلەن «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!» دەپ چاقىرىڭلار، ئەدەپسىزلىك ۋە ھۆرمەتسىزلىككە ياتىدىغان ھەر قانداق ئىبارىلەرنى قوللانماڭلار. ئەگەر مەزكۇر ئەدەب-قائىدىلەرگە رىئايە قىلمىساڭلار، ئەدەپسىزلىك ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇپ قالىسىلەر، نەتىجىدە ئۆزۈڭلار تۇيماستىن ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى سەھىھۇل بۇخارى 4845-ھەدىستە بايان قىلىنغان، ئەمما ھۆكۈم ئىبتىبارى بىلەن بۇ چەكلىمە ئومۇمىيدۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَغُضُّونَ أَصۡوَٰتَهُمۡ عِندَ رَسُولِ ٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
ٱمۡتَحَنَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡ لِلتَّقۡوَىٰۚ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٌ عَظِيمٌ ٣ إِنَّ
ٱلَّذِينَ يُنَادُونَكَ مِن وَرَآءِ ٱلۡحُجُرَٰتِ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡقِلُونَ ٤ وَلَوۡ
أَنَّهُمۡ صَبَرُواْ حَتَّىٰ تَخۡرُجَ إِلَيۡهِمۡ لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ
رَّحِيمٞ ٥ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن جَآءَكُمۡ فَاسِقُۢ بِنَبَإٖ فَتَبَيَّنُوٓاْ
أَن تُصِيبُواْ قَوۡمَۢا بِجَهَٰلَةٖ فَتُصۡبِحُواْ عَلَىٰ مَا فَعَلۡتُمۡ نَٰدِمِينَ ٦

*شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۇزۇرىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلىدىغانلار، ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى تەقۋالىققا تاللىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات (يەنى جەننەت) باردۇر① [3]. (ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سېنى ھۇجرىلىرىڭنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر② [4]. سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققانغا قەدەر ئۇلار سەۋر قىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى③، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر④ [5]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە*

***بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەستىن) بىرەر قەۋمگە يامانلىق قىلىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار⑤ [6].***

① بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېھتىرام يۈزىسىدىن ئاۋازىنى تۆۋەن قىلغان كىشىلەر مەدھىيەلىنىپ، مۇكاپاتى بايان قىلىندى.

② بۇ ئايەت بەنۇ تەمىم قەبىلىسىدىكى بىر قىسىم ئەئرابىيلەر (سەھرالىق قوپال كىشىلەر) ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلار بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشلۈك ئارام ئېلىۋاتقان چاغدا كېلىپ، ھۇجرىسىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، قوپاللىق بىلەن، ئى مۇھەممەد! ئى مۇھەممەد! دەپ، ئۇ سىرتقا چىققانغا قەدەر توۋلىغان. (مۇسنەدى ئەھمەد 3-توم، 488-بەت، 6-توم، 394-بەت) ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى «ئەقىلسىز كىشىلەر»، دېدى. دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك مەرتىۋىسىگە لايىق رەۋىشتە ئەدەپ ۋە ئېھتىرامدا بولماسلىق ئەقىلسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

③ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىدىن چىققۇچە ساقلاپ تۇرغان ۋە يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ ئالدىراتمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى بولاتتى.

④ شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالىمىدى، بەلكى كەلگۈسىدە ئەدەپ ۋە ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەكىتلەپ قويدى.

⑤ بۇ ئايەت كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىدىن يىغىلغان زاكاتنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى، ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولغا چىقىپ، يېرىم يولغا كەلگەن چاغدا، ئۆزىچە قورقۇپ قېلىپ ئارقىغا ياندى. ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئۇلار زاكاتنى ماڭا بەرگىلى ئۇنىمىدى، دەپ دوكلات قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولدى، كېيىن ۋەلىدنىڭ ئۇ يەرگە بارمىغانلىقى، ئۇ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنىڭ يالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ

رىۋايەت سەنەد ھەم ۋەقە ئېتىبارى بىلەن توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىر ساھابىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغان دوكلات بېرىشى توغرا ئەمەس. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدا ناھايىتى مۇھىم بىر پرىنسىپ بايان قىلىنىدى، ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئال ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىكى ئەھمىيىتى ناھايىتى زوردۇر. ھەربىر شەخس ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى شۇكى، ئۇلارغا ئەخلاقسىز، پاسىق، بۇزغۇنچى كىشىلەر تەرىپىدىن ھەرقانداق بىر خەۋەر ياكى ئۇچۇر كەلسە، ئالدى بىلەن خەۋەرنى ئېنىقلاش كېرەك، ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەستىن، خاتا چۈشەنچە بىلەن باشقىلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىق لازىم.

وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ فِيكُمۡ رَسُولَ ٱللَّهِۚ لَوۡ يُطِيعُكُمۡ فِي كَثِيرٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِ لَعَنِتُّمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ حَبَّبَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡإِيمَٰنَ وَزَيَّنَهُۥ فِي قُلُوبِكُمۡ وَكَرَّهَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡكُفۡرَ وَٱلۡفُسُوقَ وَٱلۡعِصۡيَانَۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلرَّٰشِدُونَ ٧ فَضۡلٗا مِّنَ ٱللَّهِ وَنِعۡمَةٗۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ٨ وَإِن طَآئِفَتَانِ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱقۡتَتَلُواْ فَأَصۡلِحُواْ بَيۡنَهُمَاۖ

***بىلىڭلاركى، ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ رەسۇلى بار①. ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار. لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە كۇفرىنى، بۇزۇقچىلىقنى ۋە ئاسىيلىقنى يامان كۆرسەتتى. توغرا يولدا بولغۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر، (بۇ) ئاللاھتىن كەلگەن پەزل ۋە نېمەتتۇر②. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [7-8]. ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار③،***

① يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاراڭلاردا مەۋجۇت بولغانلىقى ئۇنى ھۆرمەتلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭلارنى تەقەززا قىلىدۇ.

چۈنكى، ئۇ سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ۋەھيي نازىل بولىدۇ. شۇڭا، سىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، ئۇنى ئۆزۈڭلارغا ئەگەشتۈرۈشكە ئۇرۇنماڭلار. ئەگەر ئۇ سىلەر خالىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئىشلىرىڭلار ئەلۋەتتە تەسلەشكەن بولاتتى ۋە سىلەر قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇندىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى﴾. (سۈرە مۇئمىنۇن 71- ئايەت)

② بۇ ئايەتمۇ ساھابە كىراملارنىڭ پەزىلىتى، ئۇلارنىڭ ئىمان ۋە ھىدايەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر، گەرچە كاپىرلار ياقتۇرمىسىمۇ.

③ تۆزەشنىڭ يولى شۇكى، ئۇلارنى قۇرئان ۋە ھەدىس تەرەپكە چاقىرىش يەنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇلار تالاش-تارتىش قىلغان مەسىلىلەرگە ھەل قىلىش چارىسى ئىزدەش.

فَإِنۢ بَغَتۡ إِحۡدَىٰهُمَا عَلَى ٱلۡأُخۡرَىٰ فَقَٰتِلُواْ ٱلَّتِي تَبۡغِي حَتَّىٰ تَفِيٓءَ
إِلَىٰٓ أَمۡرِ ٱللَّهِۚ فَإِن فَآءَتۡ فَأَصۡلِحُواْ بَيۡنَهُمَا بِٱلۡعَدۡلِ وَأَقۡسِطُوٓاْۖ إِنَّ
ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُقۡسِطِينَ ٩ إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ إِخۡوَةٞ فَأَصۡلِحُواْ بَيۡنَ
أَخَوَيۡكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ١٠

***ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تەرەپ تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار① ، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە) قايتسا، (ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماي) ئۇلارنى ئادىللىق بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويۇڭلار② ، (ھەر ئىشتا) ئادالەتلىك بولۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ③ [9]. (ئېرىشكەنلەردا بولسۇنكى، بارلىق) مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، ئىككى قېرىندىشىڭلار (ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلار)نىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار④ . رەھمەتكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار⑤ [10].***

① يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرى بويىچە ئىختىلاپنى ھەل قىلىشقا ماقۇل كەلمەي، تاجاۋۇزچىلىق يولىنى تاللىسا، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى شۇكى، ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ، تاجاۋۇز قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى لازىم.

② يەنى تاجاۋۇز قىلغۇچىلار تاجاۋۇز قىلىشتىن يانسا، ئادالەت بىلەن يەنى قۇرئان ۋە ھەدىس روھىغا ئاساسەن ئىككى گۇرۇھ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىڭلار، تۈزەپ قويۇڭلار.

③ ھەر ئىشتا ئادىل بولۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ. ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

④ بۇ بۇيرۇق ئىلگىرىكى بۇيرۇقنى تەكىتلەپ كەلگەن. يەنى مۇئمىنلەر ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىقى ئىمانىي ئاساسقا قۇرۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىمانىي ئاساس بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشماسلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلار بىر-بىرىگە قول-پۇت، غەمگۇزار، ياردەمچى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. گاھىدا بىرەر خاتا چۈشەنچە سەۋەبىدىن ئۇلار ئارىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش كېرەك. (تەپسىلاتى سۈرە تەۋبە 71-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى)

⑤ ھەر ئىشتا ئاللاھتىن قورقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ﴿لَعَلَّ﴾ مۇمكىن، ئۈمىد بار، بەلكىم، ئېھتىمال كۆپ، دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە خىتاب قىلىنغۇچىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا شۇنداق دېيىلگەن. بولمىسا، ئاللاھتىن قورقىدىغانلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولىدىغانلىقى ئېنىق ۋە شەكسىزدۇر.

ئىزاھات: يۇقىرىدىكى ئايەتتە مۇئمىنلەر ئىچىدىكى تاجاۋۇز قىلغۇچى گۇرۇھقا قارشى ئۇرۇشۇشقا ئەمر قىلىندى. ۋەھالەنكى، ھەدىستە «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش كۇفۇرلۇقتۇر» دېيىلدى. (سەھىھۇل بۇخارى 48-ھەدىس) بۇ مۇسۇلمان بىلەن سەۋەبسىز ئۇرۇشۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان بىلەن

ئۇرۇشۇش ئۇنىڭ تاجاۋۇز قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا، بۇ جايىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە تەكتىلەنگەن ياخشى ئەمەل بولىدۇ. بىر قىسىم مۇئتەزىلە ۋە خاۋارىج پىرقىلىرى بۇنى دەلىل قىلىپ، گۇناھى كەبىرە «چوڭ گۇناھ» سادىر قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ، دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت «چوڭ گۇناھ» سادىر قىلغان كىشى كاپىر بولمايدۇ، دىندىن چىقىپ كەتمەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ھەدىستىكى كۇفۇرلۇقنى تۆۋەن دەرىجىدىكى كۇفۇرلۇق دەپ ئالىدۇ. مەسىلەن: بۇ سۈرىدىكى 9-ئايەتتە تاجاۋۇزچى گۇرۇھ «مۇئمىن» دەپ ئاتالدى. ﴿وَإِنْ طَآئِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِيْنَ اقْتَتَلُوْا﴾ «ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا » بۇنىڭ مەنىسى پەقەت گۇناھى كەبىرە سانىلىدىغان تاجاۋۇز قىلىش بىلەنلا بۇ گۇرۇھ ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، كىمكى بىر مۇئمىننى ئۇنىڭ ئىمانىنى يامان كۆرگەنلىكتىن ئۆلتۈرسە، ئۇ كاپىر بولىدۇ. تۆۋەندە مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى مۇھىم ئەخلاقىي پرىنسىپلار تەلىم بېرىلىدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا يَسۡخَرۡ قَوۡمٌ مِّن قَوۡمٍ عَسَىٰٓ أَن يَكُونُواْ خَيۡرًا مِّنۡهُمۡ وَلَا نِسَآءٌ مِّن نِّسَآءٍ عَسَىٰٓ أَن يَكُنَّ خَيۡرًا مِّنۡهُنَّۖ وَلَا تَلۡمِزُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ وَلَا تَنَابَزُواْ بِٱلۡأَلۡقَٰبِۖ بِئۡسَ ٱلِٱسۡمُ ٱلۡفُسُوقُ بَعۡدَ ٱلۡإِيمَٰنِۚ وَمَن لَّمۡ يَتُبۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿١١﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱجۡتَنِبُواْ كَثِيرًا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعۡضَ ٱلظَّنِّ إِثۡمٌۖ

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئەر يەنە بىر ئەرنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، بەلكىم مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن①. ئاياللارمۇ (باشقا) ئاياللارنى مەسخىرە قىلمىسۇن، بەلكىم مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار②، بىر-بىرىڭلارنى (يامان) لەقەملەر بىلەن چاقىرماڭلار③، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن پاسىقلىق بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق***

*دەپ ئاتاش) نېمىدېگەن يامان!④ كىمكى (بۇنداق ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار (ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر [11]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر ـ بىرىڭلار ھەققىدە) تولا (يامان) گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلەڭلاردىكىلەرگە ۋە كىشىلەرگە قارىتا گۇمانخورلۇق قىلماڭلار). چۈنكى، بەزى گۇمانلار ھەققەتەن گۇناھتۇر⑤.*

① بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى مەسخىرە قىلىشى يەنى باشقىلارنى زاڭلىق قىلىپ، كەمسىتىشى قانداق ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ؟ بىر ئادەم ئۆزىنى باشقىلاردىن ئەۋزەل ساناپ، باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرگەندە يۈز بېرىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىمان ۋە ئەمەل جەھەتتە كىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۆزىنى ئەۋزەل، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش ھەرگىز جايىز ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن بۇ ئايەتتە مەسخىرە قىلىش چەكلەندى. ئاياللاردا بۇ خىل ئىللەت كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئاياللارغا ئايرىم خىتاب قىلىنىپ، ئۇلارمۇ باشقىلارنى زاڭلىق قىلىشتىن چەكلەندى. ھەدىستە كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە كەمسىتىش كىبىرنىڭ جۈملىسىدىن دەپ كۆرسىتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىبىر دېگەن ھەققەتكە قارىتا چوڭچىلىق قىلىش (يەنى ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق) ۋە كىشىلەرنى كەمسىتىشتىن ئىبارەتتۇر» (سەھىھ مۇسلىم 91 ـ ھەدىس، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4092 ـ ھەدىس) كىبىرلىك ئاللاھ تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئىللەتتۇر.

② يەنى بىر ـ بىرىڭلارغا تەنە قىلماڭلار. مەسىلەن: سەن دېگەن پالانىنىڭ ئوغلى، سېنىڭ ئاناڭ مۇنداق يامان ئايال، سەن بولساڭ مۇنداق يامان ئائىلىدىن كېلىپ چىققان دېگەندەك سۆزلەرنى قىلماڭلار.

③ يەنى ئۆزىچە كىشىلەرنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ياقتۇرمايدىغان ناملارنى قويۇپ قويۇش ياكى چىرايلىق ئىسىملارنى ئۆزگەرتىپ، بۇزۇپ سۆزلەشمۇ يامان لەقەم بىلەن چاقىرىش ھېسابلىنىدۇ. ئايەتتە بۇ خىل ئىللەتمۇ چەكلەندى.

④ يەنى بىر شەخسنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ چاقىرىش ياكى يېڭى لەقەم قويۇپ چاقىرىش ياكى ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ۋە

تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى گۇناھ ۋە خاتالىقىغا مەنسۇپ قىلىپ تۇرۇپ: ھەي كاپىر، ھەي زىناخور، ھەي ھاراقكەش، ھەي پاسىق دېگەندەك يامان سۈپەتلەر بىلەن چاقىرىش چوڭ خاتالىقتۇر. ﴿الِاسْمُ﴾ بۇ يەردە " الذِّكْرُ" مەنىسىدە، يەنى، " بِئْسَ الِاسْمُ الَّذِيْ يُذْكَرُ بِالفِسْقِ بَعْدَ دُخُوْلِهِمْ فِى الْإِيْمَانِ" يەنى كىشىلەر ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى پاسىق ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (فەتھۇلقەدىر) بەزى كىشىلەر مەلۇم سۈپەت ۋە لەقەم بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇ لەقەم بىلەن چاقىرىلسا، كۆڭلىدە نارازىلىق ھېس قىلمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا گۇناھ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.)تەپسىر قۇرتۇبى)

⑤ " ظَنٌّ "نىڭ مەنىسى گۇمان قىلىش. دېمەك پەزىلەتلىك، سالىھ، تەقۋادار كىشىلەر ھەققىدە ئاساسسىز گۇمان قىلىش تۆھمەت ۋە بوھتان دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا بۇ سۆز «يامان گۇمان» دەپ تەرجىمە قىلىندى. ھەدىستە «يامان گۇماندىن ساقلىنىڭلار، ئۇ ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقتۇر» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش تەكىتلەندى. (سەھىھۇل بۇخارى 6066-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2563-ھەدىس) ئەمما پاسىق، گۇناھكار كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبلىك گۇناھكارلىقىغا قارىتا يامان گۇمان قىلىش يۇقىرىدا گۇناھ دەپ كۆرسىتىلىپ، ساقلىنىش تەكىتلەنگەن گۇناھ قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ياخشىلىق چىقىپ تۇرغان كىشىدىن يامان گۇمان قىلىش جايىز ئەمەس؛ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن يامانلىق چىقىپ تۇرغان كىشىدىن يامان گۇمان قىلىش گۇناھ ئەمەس.

وَلَا تَجَسَّسُواْ وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًاۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَٰكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَٰكُمْ شُعُوبًا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓاْۚ

***بىر - بىرىڭلارنىڭ (يەنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار① ، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار② ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئەنە ئۇنىڭدىن***

***يىرگەندىڭلار③ . ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [12]. ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى بىر ئەر، بىر ئايالدىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئاتا بىر ئانىدىن) ياراتتۇق④ ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە قەبىلىلەر قىلدۇق⑤ ،***

① يەنى بىر كىشىگە بەتنام چاپلاش ئۈچۈن ئەيىبىنى ياكى كەمچىلىكىنى ئىزدەپ، ماراپ يۈرۈش جاسۇسلۇق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن چەكلەندى ۋە ھەدىستىمۇ ئالاھىدە مەنئىي قىلىندى. ھەتتا باشقىلارنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى بىلىپ قالساڭلار، ئۇنى يوشۇرۇڭلار، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچماڭلار، ئەيىبىنى كولىماڭلار، دەپ ئەمىر قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندە ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىك مۇھىم تېما بولۇپ قالدى. ئىسلام ئىنسانلارنى ئەيىب ئىزدەشتىن چەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ھاياسىز قىلمىشلارنى ئوچۇق-ئاشكارا سادىر قىلمىسىلا ياكى باشقىلارغا ئازار بېرىشكە سەۋەب بولمىسىلا، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. غەرب ئەللىرى بولسا ئەركىنلىكنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بۇزۇلۇشىغا يول ئاچتى، نەتىجىدە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكى نابۇت بولدى.

② بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئەيىب ۋە كەمچىلىكلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەش غەيۋەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنغان كەمچىلىكلەر ئۇ ئادەمدە بولمىسا، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغانلىق بولىدۇ. ھەر ئىككى ئىللەت ئۆز ئورنىدا چوڭ جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

③ يەنى بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ يامان گېپىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەنلىكى خۇددى ئۆلۈك قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشاش گۇناھتۇر. ئۆلۈك قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ.

④ يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋادىن ياراتتۇق. يەنى ھەممىڭلارنىڭ ئەسلى بىردۇر. يەنى بىر ئاتا ۋە ئانىنىڭ ئەۋلادلىرى

سىلەر. دېمەك ھېچكىمنىڭ جەمەتى ۋە نەسەبىنى پەش قىلىپ پەخىرلىنىشكە ھەققى يوق. چۈنكى، بارلىق ئىنسانلارنىڭ نەسەبى بىرىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تۇتۇشىدۇ.

⑤ ﴿شُعُوبٌ﴾ ''شَعْبٌ''نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، خەلق دېگەن مەنىدە. خەلق-مىللەتلەردىن، مىللەت قەۋم-قەبىلىلەردىن، قەبىلە ئۇرۇق-جەمەتلەردىن، ئۇرۇق-جەمەت ئائىلىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) يەنى سىلەرنى ھەر خىل مىللەت، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە جەمەتلەرگە ئايرىپ يارىتىشتىن مەقسەت ئۆزئارا تونۇشۇشىڭلار ۋە بىر-بىرىڭلارغا سىلە-رەھىم قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر. بىر-بىرىڭلار بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىشىڭلار ئۈچۈن ئەمەس. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم كىشىلەر نەسەب ۋە جەمەتنى ئۈستۈنلۈكنىڭ ئاساسى قىلىۋالدى. ۋەھالەنكى ئىسلام كېلىپ، ئۇنداق پەخىرلىنىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ۋە ئۇنى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىللەتلىرىدىن دەپ ئاتىغان ئىدى.

إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ ٱللَّهِ أَتْقَىٰكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴿١٣﴾ ۞ قَالَتِ
ٱلْأَعْرَابُ ءَامَنَّا ۖ قُل لَّمْ تُؤْمِنُوا۟ وَلَٰكِن قُولُوٓا۟ أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ
ٱلْإِيمَٰنُ فِى قُلُوبِكُمْ ۖ وَإِن تُطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ لَا يَلِتْكُم مِّنْ
أَعْمَٰلِكُمْ شَيْـًٔا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٤﴾ إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا۟ وَجَٰهَدُوا۟ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ
فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّٰدِقُونَ ﴿١٥﴾

*شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)①، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [13]. سەھرالىق ئەرەبلەر: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر تېخى ئىمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن سىلەر (قارشىلاشمايدىغان بولۇپ) «بويسۇندۇق» دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى②. ئەگەر*

*سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر [14]. شەكسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن ھەرگىز شەك كەلتۈرمىگەن، پۇل ـ ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىل كىشىلەردۇر»③ [15].*

① يەنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھۆرمەتلىك بولۇشنىڭ ئۆلچىمى ئىنساننىڭ تاللاش ئىختىيارىدا بولمايدىغان مىللەت، جەمەت، قەبىلە، نەسىل ۋە نەسەب ئەمەس، بەلكى ئىنسان ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىختىيار قىلالايدىغان تەقۋادارلىقتۇر. بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، نىكاھلىنىشتا نەسەب جەھەتتىكى باراۋەرلىك شەرت ئەمەس، بەلكى دىن ئاساسىي شەرت، دەپ قارايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بەزى مۇپەسسىرلەر، بۇ يەردىكى «ئەئرابىلار ـ سەھرالىق ئەرەبلەر» بەنۇ ئەسەد ۋە خۇزەيمە جەمەتىدىكى مۇناپىقلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار قەھەتچىلىك بولغان يىللاردا سەدىقىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىرگە چۈشۈشتىن قورقۇپ تىللىرىدا مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىمان، توغرا ئېتىقاد، خالىس نىيەت يوق ئىدى. (فەتھۇلقەدىر) ئەمما ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ قارىشىچە بۇلاردىن يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان سەھرالىق ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار يېڭىلا مۇسۇلمان بولغاچقا، تېخى ئىمان ئۇلارنىڭ قەلبىگە پۇختا ئورنىمىغان ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلار ئىماننىڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە ئۇلارغا مۇنداق ئەدەپ ـ قائىدە تەلىم بېرىلدىكى، سىلەرنىڭ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولۇپلا ئىماننىڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىڭلارنى دەۋا قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس، سىلەر ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ ئىماننىڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە يېتىسىلەر.

③ ئەمما تىلى بىلەن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ قويۇپ، مەزكۇر ئەمەللەرگە ھېچ ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلار ئىمان دەۋاسىدا راستچىللاردىن ئەمەس.

قُلْ أَتُعَلِّمُونَ ٱللَّهَ بِدِينِكُمْ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي
ٱلْأَرْضِ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴿١٦﴾ يَمُنُّونَ عَلَيْكَ أَنْ أَسْلَمُوا۟ قُل
لَّا تَمُنُّوا۟ عَلَيَّ إِسْلَٰمَكُم بَلِ ٱللَّهُ يَمُنُّ عَلَيْكُمْ أَنْ هَدَىٰكُمْ لِلْإِيمَٰنِ
إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿١٧﴾ إِنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ غَيْبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱللَّهُ
بَصِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿١٨﴾

***(ئى پەيغەمبەر! سەھرالىق ئەرەبلەرگە) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا دىنىڭلارنى (يەنى دىلىڭلاردىكىنى) ئۆگىتىۋاتامسىلەر؟①(ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمۇ؟①) ھالبۇكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكىنى ۋە زېمىندىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر»② [16]. ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىۋاتىدۇ. (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، بەلكى ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىغا مىننەت قىلىدۇ، ئەگەر (ئىمانىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار»③ [17]. شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [18].***

① ﴿تُعَلِّمُوْنَ﴾ بۇ يەردە "إِعْلَامٌ و إِخْبَارٌ" بىلدۈرۈپ قويۇش، خەۋەرلەندۈرۈش مەنىسىدە. يەنى، «ئىمان ئېيتتۇق» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئۆزۈڭلارنىڭ دىنى ۋە ئىمانىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ ياكى دىلىڭلاردىكىنى ئاللاھ تائالاغا خەۋەر قىلىپ قويماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟

② يەنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرىدىغان زات سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكىنى ياكى ئىمانىڭلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەي قالارمۇ؟

③ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز مۇسۇلمان بولدۇق ۋە ساڭا ياردەم بەردۇق، باشقا ئەرەبلەر بولسا سەن بىلەن ئۇرۇشتى، بىز بولساق سەن بىلەن

ئۇرۇشمىدۇق، دېگەندە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى. سىلەر ئاللاھقا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، چۈنكى ئەگەر سىلەر سەممىي مۇسۇلمان بولساڭلار، ئۇنىڭ پايدىسى ئاللاھقا ئەمەس، ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىش بىلەن سىلەرگە ئېھسان قىلدى، سىلەر ئاللاھقا ئېھسان قىلمىدىڭلار.

# سۈرە قاف

| (50) سۈرە قاف مەككىدە چۈشكەن 45 ئايەت | (٥٠) سورة ق مكية ٤٥ آية |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قٓۚ وَٱلۡقُرۡءَانِ ٱلۡمَجِيدِ ١ بَلۡ عَجِبُوٓاْ أَن جَآءَهُم مُّنذِرٞ مِّنۡهُمۡ فَقَالَ
ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا شَيۡءٌ عَجِيبٌ ٢ أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗاۖ ذَٰلِكَ رَجۡعُۢ
بَعِيدٞ ٣ قَدۡ عَلِمۡنَا مَا تَنقُصُ ٱلۡأَرۡضُ مِنۡهُمۡۖ وَعِندَنَا كِتَٰبٌ
حَفِيظُۢ ٤ بَلۡ كَذَّبُواْ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ فَهُمۡ فِيٓ أَمۡرٖ مَّرِيجٍ ٥

***قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى①، [1]. بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆزلىرىگە ئۆز ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ كەتتى، ئۇلار: «بۇ ئاجايىب بىر ئىشتۇر②، [2]. بىز ئۆلۈپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلەمدۇق؟) بۇ (ئېھتىمالدىن ۋە ئەقىلدىن) يىراق بىر قايتىشتۇر» دېيىشتى③ [3]. بىز ئۇلار (نىڭ جەسەتلىرى) دىن زېمىننىڭ قانچىلىك يەپ كەتكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (لەۋھۇلمەھپۇز) بار④ [4]. بەلكى ئۇلار بولسا ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەتنى (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلار (تۇراقسىز***

*بولۇپ) قايمۇقۇش ئىچىدە (قالدى)⑤ [5].*

★ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت نامىزىدا سۈرە قاف بىلەن سۈرە قەمەرنى ئوقۇيتتى. (سەھىھ مۇسلىم 891-ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر جۈمە كۈنى خۇتبىدىمۇ بۇ سۈرىنى ئوقۇيتتى. (سەھىھ مۇسلىم 872-ھەدىس) ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنى ھېيت نامازلىرى، جۈمە نامىزى ۋە جامائەت توپلاشقان چوڭ - چوڭ يىغىلىشلاردا ئوقۇيتتى. چۈنكى، بۇ سۈرە مەخلۇقاتنىڭ دەسلەپتە يارىتىلىشى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ئۆلۈكلەرنى قەبرىلەردىن تۇرغۇزۇش، قىيامەت، ھېساب مەيدانىدا تۇرۇش، ھېساب بېرىش، جەننەت، دوزاخ، ساۋاپ، ئازاب، ياخشىلىققا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يامانلىقتىن قورقۇتۇش قاتارلىق تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

① بۇ قەسەمنىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان " لَتُبْعَثُنَّ " دېگەن ئىبارە بولۇپ، سىلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، دېگەن مەنىدە. بەزى مۇپەسسىرلەر، بۇ قەسەمنىڭ جاۋابى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىنى ئىسپاتلاپ كەلگەن مەزمۇنلاردۇر، دەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر ۋە ئىبنى كەسىر)

② ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدا ھېچ ئەجەبلىنەرلىك ئىش يوق. ئەزەلدىن ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى ئادەملەردىن تاللىنىپ، شۇ قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىنىپ كەلگەن. شۇ قائىدە بويىچە مەككە قۇرەيشلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن قۇرەيشنىڭ ئىچىدىن بىر شەخس تاللىنىپ پەيغەمبەر قىلىندى.

③ ۋەھالەنكى، ئەقىل كۆزى بىلەن قارىغاندىمۇ بۇ يۈز بېرىشى ئېھتىمالدىن يىراق سانىلىدىغان بىر ئىش ئەمەس. تۆۋەندە بۇ نۇقتا تېخىمۇ روشەن بايان قىلىنىدۇ.

④ يەنى ئىنسانلارنىڭ تەنلىرىدىن گۆش، سۆڭەك، چاچ قاتارلىق پارچىلىرىنى زېمىننىڭ يەپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تۇپراققا ئايلىنىشىپ زەررە-زەررە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىز بىلىمىز، ھەتتا ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدىمۇ خاتىرىلەنگەندۇر. دېمەك شۇ زەررە-زەررە بولۇپ كەتكەن تەنلەرنىڭ ھەممە پارچىلىرىنى توپلاپ، ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈش بىز

ئۇچۇن ھەرگىز قىيىن ئەمەس.

⑤ بۇ يەردىكى «ھەقىقەت» قۇرئان كەرىمنى، ئىسلامنى ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۇقۇمى ئوخشاشتۇر. ﴿مَرِيجٍ﴾ ئىككىلەنگەن، قايمۇققان، تۇراقسىز دېگەن مەنىدە. يەنى ئۇلار ئىككىلەنگەنلىكتىن قايمۇققان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، شۇڭا، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى گاھى سېھىرگەر دېسە، گاھى شائىر، گاھى كاھىن دېدى.

أَفَلَمْ يَنظُرُوٓاْ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَٰهَا وَزَيَّنَّٰهَا وَمَا لَهَا
مِن فُرُوجٍ ۝٦ وَٱلْأَرْضَ مَدَدْنَٰهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ وَأَنۢبَتْنَا فِيهَا
مِن كُلِّ زَوْجٍۭ بَهِيجٍ ۝٧ تَبْصِرَةً وَذِكْرَىٰ لِكُلِّ عَبْدٍ مُّنِيبٍ ۝٨
وَنَزَّلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً مُّبَٰرَكًا فَأَنۢبَتْنَا بِهِۦ جَنَّٰتٍ وَحَبَّ
ٱلْحَصِيدِ ۝٩ وَٱلنَّخْلَ بَاسِقَٰتٍ لَّهَا طَلْعٌ نَّضِيدٌ ۝١٠

***ئۇلار ئۈستىدىكى ئاسماننى قانداق بەرپا قىلغانلىقىمىزغا①، ئۇنى قانداق بېزىگەنلىكىمىزگە② ۋە ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟③ [6]. بىز زېمىننى يايدۇق (يەنى كەڭ قىلدۇق)، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق ۋە ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق④ [7]. (بۇنى ئاللاھقا) قايتقۇچى ھەربىر بەندىگە (قۇدرىتىمىزنى) كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە ئەسلىتىش ئۈچۈن (قىلدۇق)⑤ [8]. بىز ئاسماندىن بەرىكەتلىك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى⑥، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن خورما دەرەخلىرىنى ئۆستۈردۇق⑦ [10 - 9].***

① يەنى ئۇنى يۆلەپ تۇرىدىغان ھېچبىر تۈۋرۈكسىز يارىتالىغانلىقىمىزغا.

② يەنى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن بېزىگەنلىكىمىزگە.

③ يەنى ئۇنىڭدا ھېچقانداق نۇقسان ۋە كەمچىلىك يوقلۇقىغا

قارىمامدۇ؟ ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە (قاتمۇقات) قىلىپ ياراتتى، رەھمان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقساننى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقساننى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ﴾. (سۈرە مۇلك 3-، 4-ئايەت)

④ بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿زَوۡجٍ﴾نىڭ مەنىسىنى جۈپ دەپ تەپسىر قىلغان. يەنى ھەر تۈرلۈك زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى جۈپ (ئەركەك-چىشى) قىلىپ ئۆستۈردۇق. ﴿بَهِيجٍ﴾ چىرايلىق، كۆركەم، گۈزەل، ياپ-يېشىل دېگەن مەنىدە.

⑤ يەنى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇلاردىكى بۈيۈك مۆجىزىلەرنى كۆرۈش ۋە تونۇش ئاللاھ تەرەپكە قايتقۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن پاكىت، ئىبرەت ۋە نەسىھەتتۇر.

⑥ ﴿حَبَّ ٱلۡحَصِيدِ﴾ ئورۇپ ئالىدىغان دانلىق زىرائەتلەرنى، يەنى بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، نوقۇت، ئارپا قاتارلىق ئاشلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئاشلىقلارنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

⑦ ﴿بَاسِقَٰتٖ﴾نىڭ مەنىسى ئېگىز ئۆسكەن. ﴿طَلۡعٞ﴾ خورمىنىڭ دەسلەپتە چىقىدىغان چېچىكى. ﴿نَّضِيدٞ﴾ سانجاق- سانجاق. «خورما دەرەخلىرى» يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «باغلار»نىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ يەردە ئايرىم تىلغا ئېلىنغانلىقى ئەرەبلەردە خورما دەرەخلىرىنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

رِّزۡقٗا لِّلۡعِبَادِۖ وَأَحۡيَيۡنَا بِهِۦ بَلۡدَةٗ مَّيۡتٗاۚ كَذَٰلِكَ ٱلۡخُرُوجُ ﴿١١﴾ كَذَّبَتۡ
قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَأَصۡحَٰبُ ٱلرَّسِّ وَثَمُودُ ﴿١٢﴾ وَعَادٞ وَفِرۡعَوۡنُ
وَإِخۡوَٰنُ لُوطٖ ﴿١٣﴾ وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡأَيۡكَةِ وَقَوۡمُ تُبَّعٖۚ كُلّٞ كَذَّبَ ٱلرُّسُلَ
فَحَقَّ وَعِيدِ ﴿١٤﴾ أَفَعَيِينَا بِٱلۡخَلۡقِ ٱلۡأَوَّلِۚ

*(ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن قىلدۇق*

***(ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر① [11]. ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھ قەۋمى، رەس ئاھالىسى② ۋە سەمۇد قەۋمىمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان ئىدى [12]. ئاد قەۋمى، پىرئەۋن، لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەيكە ئاھالىسى (يەنى شۇئەيب قەۋمى)③ ، تۇببە قەۋمى④ ــ ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى⑤ ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئاگاھلاندۇرغان (ئازاب ئۇلارغا) تېگىشلىك بولدى [14 ـ 13]. بىز (ئىنسانلارنى) دەسلەپكى قېتىم يارىتىشتا ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (بىز بۇنىڭدا ئاجىزلىق قىلمىغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىمۇ ئاجىزلىق قىلمايمىز)⑥***

① يەنى خۇددى يامغۇر ئۆلگەن زېمىننى ياشارتىپ يېشىللىققا ئايلاندۇرغاندەك، بىز قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى قەبرىلىرىدىن تىرىلدۈرۈپ چىقىرىمىز.

② ﴿اَصۡحٰبُ الرَّسِّ﴾ رەس ئاھالىسىنىڭ قايسى قەۋم ئىكەنلىكىنى بېكىتىشتە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى: ئۇلار سۈرە بۇرۇجدا تىلغا ئېلىنغان ئەسھابۇل ئۇخدۇدنىڭ دەل ئۆزىدۇر، دەيدۇ. (تەپسىلاتى سۈرە فۇرقان 38 ـ ئايەتتە بايان قىلىندى)

③ «ئەيكە ئاھالىسى» دېگەندىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتى «مەديەن» ئەتراپىدا ياشايدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە «ئەيكە» دېگەن بىر دەرەخنىڭ ئىسمى بولۇپ، مەديەنىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇلتۇراقلاشقان يېزىدا ئىدى. ئۇلار شۇ «ئەيكە» دېگەن دەرەخكە چوقۇناتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت قىلىش دائىرىسى مەديەندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يېزىلاردىكى كىشىلەر «ئەيكە» دەرىخىگە چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن ئەسھابۇلئەيكە يەنى «ئەيكە ئاھالىسى، ئەيكىلىكلەر» دەپ ئاتالغان. تەپسىلاتى ئۈچۈن سۈرە شۇئەرا 76 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قارالسۇن.

④ «تۇببە قەۋمى» سەبەئ قەۋمىنى كۆرسىتىدۇ. سەبەئدە ھۇمەير قەبىلىسى ياشايتتى، ئۇلارغا كىم پادىشاھ بولسا ئۇ «تۇببە» دەپ

ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقى كۈچىيىپ، ھۆكۈمرانلىقى ۋە قوشۇنى زورايغان، مەملىكىتى كېڭەيگەن ئىدى. بۇ قەۋممۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلدى.

⑤ بۇ قەۋملەرنىڭ ھەربىرى ئۆز پەيغەمبىرىنى يالغانغا چىقاردى. بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا دېيىلىۋاتىدۇكى، سەن قەۋمىڭنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن غەمكىن بولمىغىن. چۈنكى، بۇ يېڭى بىر ئىش ئەمەس، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ قەۋملىرى ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلغان. بۇ يەردە يەنە مەككە ئەھلىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇ، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراڭلار؟ سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قېلىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئەگەر ياقتۇرمىساڭلار، پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشنى قويۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭلار.

⑥ قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قايتا يارىتىش بىزگە قىيىن بولارمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. دېمەك ئىنسانلارنى دەسلەپتە يارىتىش بىزگە قىيىن كەلمىگەن ئىدى، ئۇنى قايتا يارىتىش ئۇنى دەسلەپتە ياراتقانغا قارىغاندا تولىمۇ ئاساندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھ ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) ئاللاھقا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾. (سۈرە رۇم 27-ئايەت) يەنە سۈرە ياسىن 78-، 79-ئايەتلەردىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتا بايان قىلىنغان. ھەدىس قۇدسىدا: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەۋلادى ماڭا ئازار بېرىدۇ، ئۇ: ئاللاھ مېنى دەسلەپتە ياراتقاندەك ھەرگىز قايتا يارىتالمايدۇ، دەيدۇ. مەخلۇقاتنى قايتا يارىتىش دەسلەپتە يارىتىشقا قارىغاندا قىيىن ئەمەس» (سەھىھۇل بۇخارى 4972-ھەدىس) ئەگەر قىيىن بولغان بولسا، قايتا يارىتىش ئەمەس، دەسلەپكى قېتىم يارىتىش قىيىن بولغان بولاتتى.

بَلْ هُمْ فِي لَبْسٍ مِّنْ خَلْقٍ جَدِيدٍ ﴿١٥﴾ وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَـٰنَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِۦ نَفْسُهُۥ ۖ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ

ٱلْوَرِيدِ ﴿١٦﴾ إِذْ يَتَلَقَّى ٱلْمُتَلَقِّيَانِ عَنِ ٱلْيَمِينِ وَعَنِ ٱلشِّمَالِ
قَعِيدٌ ﴿١٧﴾ مَّا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ ﴿١٨﴾

***ئەكسىچە، ئۇلار يېڭىدىن يارىتىلىشقا (يەنى قىيامەتتە تىرىلدۈرۈشكە قارىتا) شەك ـ شۈبھە ئىچىدىدۇر① [15]. بىز ھەقىقەتەن ئىنسانىنى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ بىلىمىز②، بىز ئىنسانغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز③ [16]. ئىنسانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار [17]. ئىنسان قانداقلا بىر سۆزنى قىلسۇن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىتىپ (ۋە يېزىپ) تۇرىدىغان ھازىر پەرىشتە بولىدۇ④ [18].***

① يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلار قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى ۋە قىيامەتتە ئۆزلىرىنىڭ قايتا تىرىلىشى ھەققىدە شەك ـ شۈبھە ئىچىدىدۇر.

② يەنى ئىنساننىڭ مەخپىي قىلغان ۋە يوشۇرغان ھەرقانداق ئىشنى بىز بىلىپ تۇرىمىز. ۋەسۋەسە كۆڭۈلدىن كەچكەن ئوي ـ خىياللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوي ـ خىياللارنى ئىنسان ئۆزىلا بىلەلەيدۇ، باشقا ئىنسانلار بىلەلمەيدۇ. لېكىن، ئاللاھ تائالا ئەنە شۇ ئوي ـ خىياللارنىمۇ بىلەلەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئۇممىتىمدىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچكەن يامان ئىشلارنى، ئۇلار ئۇنى سۆزلىمىگەن ياكى ئەمەلىيەتتە قىلمىغان بولسىلا، كەچۈرىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 5269 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 127 ـ ھەدىس)

③ ﴿الْوَرِيدِ﴾ ۋېنا تومۇر، كۆك تومۇر، جان تومۇرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ تومۇر ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئىنسان ئۆلىدۇ. بۇ ئىككى تومۇر بولۇپ، ئىنساننىڭ بويىندىن ئوڭ ـ سول ئىككى مۈرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى يېقىنلىقتىن بىلىپ تۇرۇش جەھەتتىكى يېقىنلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىلىپ تۇرۇش جەھەتتە بىز ئىنسانغا شۇ قەدەر يېقىنكى، ھەتتا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىمىز. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردىكى «بىز» دېگەندىن پەرىشتىلەر كۆزدە

تۇتۇلىدۇ. يەنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئىنسانغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇر. چۈنكى، ئىنسانىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى ئىككى پەرىشتە ھەر ۋاقىت ئىنسان بىلەن بىللە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكىتىنى خاتىرىلەيدۇ. ﴿يَتَلَقَّى الْمُتَلَقِّيَانِ﴾ يەنى " يَأْخُذَانِ وَيُثَبِّتَانِ " خاتىرىلەيدۇ ۋە مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: ئايەتنىڭ مەنىسى، بىز ئىنسانىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى خاتىرىلەيدىغان پەرىشتىلەرگە موھتاج بولماستىن، ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىمىز. بىز بۇ پەرىشتىلەرنى پەقەت ئىنسانغا ھۆججەت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بەلگىلىدۇق. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئىككى پەرىشتىنىڭ بىرى ياخشى ئەمەللەرنى، يەنە بىرى گۇناھلارنى يازىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار كېچە ۋە كۈندۈزدە ئالمىشىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەردۇر، كېچىدە ئىككى پەرىشتە، كۈندۈزدە ئىككى پەرىشتە داۋاملىق ئىنسانغا ھەمراھ بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ ﴿رَقِيبٌ﴾ نازارەت قىلىپ تۇرغۇچى، مۇھاپىزەت قىلغۇچى، ئىنسانىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرغۇچى. ﴿عَتِيدٌ﴾ ھازىر ۋە تەييار بولغان ھالدا تۇرغۇچى.

وَجَآءَتۡ سَكۡرَةُ ٱلۡمَوۡتِ بِٱلۡحَقِّۖ ذَٰلِكَ مَا كُنتَ مِنۡهُ تَحِيدُ ﴿١٩﴾
وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِۚ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلۡوَعِيدِ ﴿٢٠﴾ وَجَآءَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّعَهَا
سَآئِقٞ وَشَهِيدٞ ﴿٢١﴾ لَّقَدۡ كُنتَ فِي غَفۡلَةٖ مِّنۡ هَٰذَا فَكَشَفۡنَا عَنكَ
غِطَآءَكَ فَبَصَرُكَ ٱلۡيَوۡمَ حَدِيدٞ ﴿٢٢﴾ وَقَالَ قَرِينُهُۥ هَٰذَا مَا لَدَيَّ
عَتِيدٌ ﴿٢٣﴾ أَلۡقِيَا فِي جَهَنَّمَ كُلَّ كَفَّارٍ عَنِيدٖ ﴿٢٤﴾ مَّنَّاعٖ لِّلۡخَيۡرِ مُعۡتَدٖ
مُّرِيبٍ ﴿٢٥﴾ ٱلَّذِي جَعَلَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَأَلۡقِيَاهُ فِي ٱلۡعَذَابِ
ٱلشَّدِيدِ ﴿٢٦﴾ ۞ قَالَ قَرِينُهُۥ رَبَّنَا مَآ أَطۡغَيۡتُهُۥ وَلَٰكِن كَانَ فِي
ضَلَٰلِۭ بَعِيدٖ ﴿٢٧﴾

*ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كېلىدۇ (يەنى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئاخىرەتنىڭ دەھشىتىنى ئېنىق كۆرىدۇ)①، «(شۇ*

*چاغـدا، ئـى ئىنسـان!) بـۇ سـەن قېچـىپ تـۇرغـان نەرسـىدۇر»②*
*(دېيىلىدۇ) [19]. سۈر چېلىنىدۇ، ئەنە شۇ (كاپىرلارغا) ئازاب ۋەدە*
*قىلىنغـان كـۈنـدۇر [20]. هـەر ئىنسـان (هېسـاب مەيدانىغـا ئۇنـى*
*مەهشـەرگاهقا) هەيدىگۈچـى ۋە (ئۇنىـڭ ئەمەلىگـە) گـۇۋاھ بولغۇچـى*
*(ئىككـى پەرىشـتە) بىلـەن بىللـە كېلىدۇ③ [21]. (ئۇنىڭغـا): «(ئـى*
*ئىنسـان!) سـەن (دۇنيادىكـى چېغىڭـدا) بۇنىڭدىـن (بـۇ ئېغىـر كـۈندىن)*
*غەپلەتتـە ئىدىـڭ، ئەمـدى سـەندىن (كۆزۈڭدىكـى) پەردەڭنـى*
*كۆتۈرۈۋەتتـۇق، بۈگـۈن كـۆزۈڭ ئۆتكۈرلىشـىپ كەتتـى» دېيىلىدۇ*
*[22]. ئۇنىڭغـا مەسئۇل پەرىشـتە: «مانـا بـۇ (نامـە ـ ئەمـەل) مېنىـڭ*
*ئالدىمـدا تەييـاردۇر» دەيـدۇ④ [23]. (ئاللاھ ئـۇ ئىككـى پەرىشـتىگە*
*ئەمـر قىلىـپ): «كۇفرىـدا چىـڭ تۇرغۇچـى، ياخشـىلىقتىن توسقۇچى،*
*ھەددىدىـن ئاشـقۇچى، (دىنغـا) شـەك كەلتۈرگۈچـى، ئاللاھقـا باشـقا*
*مەبۇدنـى شـېرىك قىلغۇچـى هەربىـر كاپىرنـى جەهەننەمنىـڭ ئىچىگـە*
*ــ شـىددەتلىك ئازابنىـڭ ئىچىگـە ئېتىڭلار» (دەيـدۇ)⑤ [26 ـ 24].*
*ئۇنىـڭ هەمراهـى (بولغـان شـەيتان): «ئـى رەببىمىـز! مـەن ئۇنـى*
*ئازدۇرمىدىـم، لېكـىن ئـۇ ئـۆزى (ئىختىيـارى بىلـەن) چوڭقـۇر*
*گۇمراهلىقتا ئىدى» دەيدۇ⑥ [27].*

① ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: ئۆلۈم سەكراتىنىڭ قاتتىقلىقى ھەقىقەتنى ئېلىپ كېلىدۇ يەنى ئىنسان ئۆلىدىغان ۋاقىتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىيامەت، جەننەت، دوزاخ ھەققىدە قىلغان ۋەدىلىرىنىڭ راستلىقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇپ، ھەقىقەت ئاشكارا بولىدۇ.

② ﴿تَحِيدُ﴾ " تَمِيلُ عَنْهُ وَتَفِرُّ " سەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيتتىڭ ۋە قاچاتتىڭ، بۇ سەن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ تۇرغان ئۆلۈمدۇر.

③ ﴿سَآئِقٌ﴾ ھەيدىگۈچى ۋە ﴿شَهِيدٌ﴾ گۇۋاھلىق بەرگۈچى ھەققىدە بىر قانچە خىل كۆز قاراش مەۋجۇت. ئىمام تەبەرىنىڭ قارىشىچە ئۇلار ئىككى پەرىشتە بولۇپ، بىرى ئىنساننى مەھشەرگاھقا ھەيدەپ بارىدۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

④ يەنى پەرىشتە ئىنساننىڭ بارلىق ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن نامە-ئەمەلنى ئالدىغا قويۇپ، بۇ سېنىڭ مەن خاتىرىلىگەن ئەمەللىرىڭدۇر، دەيدۇ.

⑤ ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ شۇ نامە-ئەمەل خاتىرىسىگە ئاساسەن ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

⑥ يەنى ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن چوڭقۇر گۇمراھلىققا پاتقان ئىدى، شۇڭا مېنىڭ سۆزۈمنى تېزلا قوبۇل قىلدى. ئەگەر ئۇ ساڭا ئىخلاسمەن بەندە بولغان بولسا ئىدى، ماڭا ئالدانمىغان بولاتتى. بۇ يەردىكى ﴿قَرِينُهُۥ﴾ «ھەمراھى» دېگەندىن شەيتان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قَالَ لَا تَخْتَصِمُوا۟ لَدَىَّ وَقَدْ قَدَّمْتُ إِلَيْكُم بِٱلْوَعِيدِ ﴿٢٨﴾ مَا يُبَدَّلُ ٱلْقَوْلُ لَدَىَّ وَمَآ أَنَا۠ بِظَلَّـٰمٍ لِّلْعَبِيدِ ﴿٢٩﴾ يَوْمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ هَلِ ٱمْتَلَأْتِ وَتَقُولُ هَلْ مِن مَّزِيدٍ ﴿٣٠﴾

*ئاللاھ: «مېنىڭ ئالدىمدا مۇنازىرىلەشمەڭلار (بۇ يەردە مۇنازىرە پايدا بەرمەيدۇ)، سىلەرنى مەن ئالدىنئالا (ئازابىمدىن) ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم①، مېنىڭ دەرگاھىمدا سۆز ئۆزگەرمەيدۇ②، مەن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن» دەيدۇ③ [29 ـ 28]. ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ» دەيدۇ④ [30].*

① يەنى ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھى شەيتانغا شۇنداق دەيدۇ. يەنى بۇ ھېساب بېرىدىغان جايدا ياكى ئادالەت مەھكىمىسىدە مۇنازىرىلىشىش ۋە دەتالاش قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنىڭ پايدىسىمۇ يوق. مەن سىلەرنى ئالدىنئالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئازابىمدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم.

② يەنى مەن قىلغان ۋەدە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنمايدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە مەن سىلەرنى ئازابلاش ھەققىدە قىلغان ھۆكۈم ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

③ ئۇلار ئۆتكۈزمىگەن جىنايەت ۋە ئۇلاردىن سادىر بولمىغان گۇناھ بىلەن ئۇلارنى ئازابلامدىمەن؟ ياق، گۇناھسىزلارنى ئازابلىغۇچى ئەمەسمەن. ﴿ظَلَّـٰمٍ﴾ زالىم دېگەن سۆزنىڭ مۇبالىغە شەكلى بولۇپ، بۇ

يەردە " ظَالِمٌ " زۇلۇم قىلغۇچى مەنىسىدە كەلگەن. ياكى بۇ بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، «پالانى كىشى قول ئاستىدىكىلەرگە بەك زۇلۇم قىلىدۇ، پالانى كىشى بەك زالىم» دېيىلسە، ئومۇمەن بۇنىڭدىن مۇبالىغە مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى پەقەت ئۇنىڭ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ياكى بۇ سۆز مەنپىي ئىبارىنى مۇبالىغە شەكلىدە تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن بولىدۇ، يەنى مەن بەندىلەرگە قىلچىمۇ زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن.

④ ئاللاھ تائالا دېدىكى: ﴿مەن چوقۇم جىنلار ۋە ئىنسانلار (يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىرى) – ھەممىسى بىلەن جەھەننەمنى تولدۇرىمەن﴾. (سۈرە سەجدە 13-ئايەت) بۇ ۋەدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ۋاقىت كەلگەندە ئاللاھ تائالا جىنلار بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى كاپىرلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جەھەننەمگە: توشتۇڭمۇ؟ دېيىلىدۇ، جەھەننەم: يەنە بارمۇ؟ دەيدۇ» (سەھىھۇل بۇخارى 4848-ھەدىس) (يەنى ئى ئاللاھ! گەرچە توشۇپ كەتكەن بولساممۇ، سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئىچىمدە يەنىلا جاي بار، دەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ جەھەننەمدىن سوئال سورىشى ۋە جەھەننەمنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىدىن قەتئىي تاشقىرى ئەمەستۇر) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «جەھەننەمگە مەھكۇم بولغانلار ئۇنىڭغا تاشلىنىپ تۇرىدۇ، جەھەننەم بولسا: يەنە بارمۇ؟ دەيدۇ، ئاخىرىدا غالىب پەرۋەردىگار قەدىمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە لىق تولىدۇ، جەھەننەم سېنىڭ ئىززىتىڭ ۋە ھۆرمىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بولدى! بولدى! توشتۇم! دەيدۇ. جەننەتتە بولسا ھەمىشە ئارتۇق جاي تېپىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا باشقا يېڭى مەخلۇقلارنى يارىتىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ بوش قالغان يەرلىرىگە جايلاشتۇرىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2848-ھەدىس)

وَأُزْلِفَتِ ٱلْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ غَيْرَ بَعِيدٍ ﴿٣١﴾ هَٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٍ ﴿٣٢﴾ مَّنْ خَشِيَ ٱلرَّحْمَٰنَ بِٱلْغَيْبِ وَجَآءَ بِقَلْبٍ مُّنِيبٍ ﴿٣٣﴾ ٱدْخُلُوهَا بِسَلَٰمٍ ذَٰلِكَ يَوْمُ ٱلْخُلُودِ ﴿٣٤﴾ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ

فِيهَا وَلَدَيْنَا مَزِيدٌ ﴿٣٥﴾ وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هُمْ أَشَدُّ
مِنْهُم بَطْشًا فَنَقَّبُوا۟ فِى ٱلْبِلَٰدِ هَلْ مِن مَّحِيصٍ ﴿٣٦﴾

*جەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمىغان بىر جايغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ① [31]. (ئۇلارغا): «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (جەننەت) مۇشۇدۇر، (بۇ) ئاللاھقا قايتقۇچى، ئەمرىنى ياد ئەتكۈچى بولغان②، خىلۋەتتە رەھمان ئاللاھتىن قورققان ۋە ئىخلاسمەن قەلب③ بىلەن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە خاستۇر. سىلەر جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» (دېيىلىدۇ) [34 ـ 32]. جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق نېمەت بار④ [35]. بىز ئۇلاردىن (يەنى مەككە كاپىرلىرىدىن) ئىلگىرى ئۇلارغا قارىغاندا بەك كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلغانمىز. ئۇ ئۇممەتلەر (ئۆلۈمدىن) قاچىدىغان جاي بارمىدۇ (دەپ) ھەرقايسى شەھەرلەرنى كېزىپ چىققان ئىدى⑤ [36].*

① بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلىدىغان كۈن يەنى قىيامەت كۈنى يىراق ئەمەس، چۈنكى ئۇ شەكسىز يۈز بېرىدۇ. ھەرقانداق كېلىدىغان نەرسە چوقۇم يېقىن بولىدۇ، شۇڭا قىيامەت يېقىندۇر، يىراق ئەمەستۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى مۆئمىنلەر جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى يېقىندىن كۆرگەندە، ئۇلارغا: مانا بۇ ھەربىر ئاللاھقا قايتقۇچى ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ياد ئەتكۈچى (ئۇنىڭغا رىئايە قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى) بولغان بەندە ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان جەننەتتۇر، دېيىلىدۇ. ﴿أَوَّابٍ﴾نىڭ مەنىسى ئاللاھ تەرەپكە كۆپ قايتقۇچى يەنى كۆپ تەۋبە قىلغۇچى، كۆپ ئىستىغپار ۋە زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتقۇچى، خىلۋەتتە ئۆز گۇناھلىرىنى ياد ئېتىپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا باش قويۇپ يىلىنغۇچى، ھەر ئولتۇرۇشتا ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغۇچى، دېمەكتۇر. ﴿حَفِيظٍ﴾ سادىر قىلغان گۇناھلىرىنى ئەسلەپ، تەۋبە قىلغۇچى ياكى ئۆزى ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ ھوقۇق ۋە نېمەتلىرىنى ياد ئەتكۈچى ياكى ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمان ۋە چەكلىمىلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرغۇچى دېگەن مەنىدە. (فەتھۇلقەدىر)

③ ﴿قَلْبٍ مُّنِيبٍ﴾ ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلغۇچى ۋە ئىتائەت قىلغۇچى قەلب. ئۇنى " سَلِيْمٍ" مەنىسىدە دەپ ئالغاندا، شېرىك ۋە گۇناھنىڭ نىجاسىتىدىن پاك قەلب، ساغلام دىل، ئاق كۆڭۈل دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

④ بۇنىڭدىن جەننەت ئەھلىگە نېسىپ بولىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك نېمەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ﴾. سۈرە يۇنۇس 26-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغاندەك.

⑤ ﴿ئۇلار شەھەرلەرنى كېزىپ چىققان ئىدى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇلار تىجارەت قىلىش ۋە ئىشلەش ئۈچۈن مەككە ئەھلى كەزگەن جايلاردىنمۇ كۆپ جايلارنى كېزىپ چىققان ئىدى. لېكىن، بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەندە، ئۇلارغا ھېچقانداق بىر پاناھلىنىدىغان ياكى قاچىدىغان جاي تېپىلمىدى.

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَذِكْرَىٰ لِمَن كَانَ لَهُۥ قَلْبٌ أَوْ أَلْقَى ٱلسَّمْعَ وَهُوَ
شَهِيدٌ ﴿٣٧﴾ وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِي سِتَّةِ
أَيَّامٍ وَمَا مَسَّنَا مِن لُّغُوبٍ ﴿٣٨﴾ فَٱصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ
بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ ٱلشَّمْسِ وَقَبْلَ ٱلْغُرُوبِ ﴿٣٩﴾ وَمِنَ ٱلَّيْلِ
فَسَبِّحْهُ وَأَدْبَٰرَ ٱلسُّجُودِ ﴿٤٠﴾

***شەكسىزكى، بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە① ئادەم ياكى (ۋەز - نەسىھەتكە) ھوزۇرىي قەلب بىلەن② قۇلاق سالىدىغان③ ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەت بار [37]. شەكسىزكى، بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق، بىزگە ھېچقانداق ھاردۇق يەتكىنى يوق [38]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن④ [39]. كېچىدە ۋە سەجدىدىن***

*(نامازدىن) كېيىن⑤ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن⑥ [40].*

① تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ھەقىقەتنى بىلەلەيدىغان ئەقىل-ئىدراكقا ئىگە ئادەم ئۈچۈن ئىبرەت بار.

② «ھوزۇرىي قەلب بىلەن» ۋەز - نەسىھەتنى قەلبى ۋە ئەقلى بىلەن ئاڭلايدىغان ۋە چۈشىنىدىغان، ئۆزى بۇ يەردە، كاللىسى باشقا يەردە ئەمەس، قەلبىمۇ ۋە ئەقلىمۇ ھازىر بولغان ئادەم ئۈچۈن ئىبرەت بار. چۈنكى، سۆزنى چۈشەنمەيدىغان ئادەم مەۋجۇت بولسىمۇ، يوققا ھېساب بولىدۇ.

③ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى دىققەت بىلەن تىڭشايدىغان ئادەم ئۈچۈن ئىبرەت بار.

④ يەنى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتقىن دېگەن مەنىدە. يەنە بىر مەنىسى بۇ يەردە، ئەسىر ۋە بامدات نامىزىنى ئوقۇغىن، دېگەن بۇيرۇق تەكىتلەنگەن.

⑤ يەنى كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتقىن ياكى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن﴾. (سۈرە ئىسرا79 -ئايەت) بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: مىراج كېچىسىدىن ئىلگىرى ئىككى ۋاخ ناماز پەرز بولۇپ، بىر ۋاخ ناماز كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى بامدات ۋاقتىدا، يەنە بىر ۋاخ ناماز كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى دىگەر ۋاقتىدا ئىدى. كېچىدە ئوقۇلىدىغان تەھەججۇد نامىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرز ئىدى. ئۈممىتىگىمۇ بىر يىل پەرز بولدى، ئاندىن ئۇنىڭ پەرزلىكى ئۈممىتىنىڭ زىممىسىدىن قالدۇرۇلدى. مىراج كېچىسى ئاللاھ تائالا بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑥ يەنى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتقىن. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ تەسبىھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز نامازلاردىن كېيىن ئوقۇشنى تەكىتلىگەن زىكىر-تەسبىھلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. مەسىلەن: " سُبْحَانَ اللَّهِ" 33 قېتىم، " اَلْحَمْدُ لِلَّهِ " 33 قېتىم، " اللَّهُ أَكْبَرُ " 34 قېتىم قاتارلىقلار. (سەھىھۇل بۇخارى 843-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 596-ھەدىس) ئەمما

بۇ ھەدىس مەزكۇر سۈرە نازىل بولۇپ خېلى ئۇزۇن مەزگىلدىن كېيىن دېيىلگەن ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ.

وَٱسۡتَمِعۡ يَوۡمَ يُنَادِ ٱلۡمُنَادِ مِن مَّكَانٖ قَرِيبٖ ﴿٤١﴾ يَوۡمَ يَسۡمَعُونَ
ٱلصَّيۡحَةَ بِٱلۡحَقِّۚ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلۡخُرُوجِ ﴿٤٢﴾ إِنَّا نَحۡنُ نُحۡيِۦ وَنُمِيتُ
وَإِلَيۡنَا ٱلۡمَصِيرُ ﴿٤٣﴾ يَوۡمَ تَشَقَّقُ ٱلۡأَرۡضُ عَنۡهُمۡ سِرَاعٗاۚ ذَٰلِكَ حَشۡرٌ
عَلَيۡنَا يَسِيرٞ ﴿٤٤﴾ نَّحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَا يَقُولُونَۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِجَبَّارٖۖ
فَذَكِّرۡ بِٱلۡقُرۡءَانِ مَن يَخَافُ وَعِيدِ ﴿٤٥﴾

***نىدا قىلغۇچى (يەنى ئىسرائىل)① يېقىن جايدىن نىدا قىلىدىغان (يەنى ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممىگە ئوخشاش يېتىدىغان)② كۈندە (نىداغا) قۇلاق سالغىن③ [41]. ئۇ كۈندە ئۇلار (يەنى بارلىق خالايىق) سۇر ئاۋازىنى (يەنى ئىككىنچى قېتىملىق سۇرنى) ھەقىقىي رەۋىشتە ئاڭلايدۇ، ئەنە شۇ (قەبرىلەردىن) چىقىش كۈنىدۇر④ [42]. بىز ھەقىقەتەن (ئىنسانلارنى) ۋاپات قىلدۇرىمىز ۋە تىرىلدۇرىمىز⑤، (ئاخىر) قايتىدىغان جاي بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر⑥ [43]. ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ ئۇلار (قەبرىلىرىدىن) تېز چىقىپ كېلىدۇ⑦، ئەنە شۇنداق يىغىش بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئاساندۇر [44]. بىز ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ) ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىمان ـ ئىسلامغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن⑧، سەن مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن⑨ [45].***

① يەنى بۇ نىدا قىلغۇچى ئىسرائىل دېگەن پەرىشتىدۇر. بۇ نىدا بىلەن كىشىلەر مەھشەر مەيدانىغا جەم بولىدۇ. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق چېلىنىدىغان سۇردۇر.

② بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ نىدا قىلىدىغان يېقىن جاي بەيتۇلمۇقەددەستىكى تاش بار گۈمبەزنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاسمانغا

ئەڭ يېقىن جايدۇر، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ھەربىر ئادەم بۇ ئاۋازنى ئۆزىگە يېقىن بىر جايدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلايدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بۇ مەنە ئەڭ توغرا دەپ قارىلىدۇ.

③ يەنى ۋەھيي ئارقىلىق بايان قىلىنىۋاتقان قىيامەتنىڭ ئەھۋالىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغىن.

④ يەنى بۇ ئاۋاز ئۇلار دۇنيادا شەك بىلەن قارىغان قىيامەت ئۈچۈن چېلىنغان سۇرنىڭ ئاۋازىدۇر، دېمەك قىيامەت چوقۇم بولىدۇ. بۇ كۈندە ئۇلار تىرىلدۈرۈلۈپ، قەبرىلىرىدىن چىقىرىلىدۇ.

⑤ يەنى دۇنيادا ئىنسانلارنى ۋاپات قىلدۇرۇش ۋە ئاخىرەتتە تىرىلدۈرۈش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر، بۇنىڭغا ھېچكىم شېرىك ئەمەستۇر.

⑥ بىز ئۇ يەردە ھەر شەخسنى ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپاتلايمىز.

⑦ يەنى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زېمىن يېرىلىپ تۇنجى چىقىدىغان ئىنسان مەن بولىمەن». (سەھىھ مۇسلىم 2278 - ھەدىس)

⑧ يەنى سەن ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلاشقا مەسئۇل ئەمەسسەن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈش ۋە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت، سەن دەۋىتىڭنى داۋاملاشتۇرغىن.

⑨ سېنىڭ دەۋىتىڭدىن پەقەت ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ئاگاھ بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ جەننىتىدىن ئىبارەت ۋەدىسىنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرلا ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ. شۇڭا قەتادە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭدىن قورقىدىغان، ۋەدەڭنى ئۈمىد قىلىدىغانلاردىن قىلغىن، ئى ئېھسان قىلغۇچى مېھرىبان ئاللاھ!».

# سۈرە زارىيات

| (٥١) سورة الذريت مكية ٦٠ آية | (51) سۈرە زارىيات مەككىدە چۈشكەن 60 ئايەت |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلذَّٰرِيَٰتِ ذَرۡوٗا ① فَٱلۡحَٰمِلَٰتِ وِقۡرٗا ② فَٱلۡجَٰرِيَٰتِ يُسۡرٗا ③
فَٱلۡمُقَسِّمَٰتِ أَمۡرًا ④

***(تۇپراقنى) سورىغۇچى شاماللار بىلەن① [1]، (يامغۇرنىڭ) ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار بىلەن② [2]، (سۇ ئۈستىدە) يېنىك ماڭغۇچى كېمىلەر بىلەن③ [3]، ھەربىر ئىشنى (يەنى بەندىلەر ئارىسىدا رىزىقلارنى، يۇرتلار ئارىسىدا يامغۇرلارنى) تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى④ [4]،***

① بۇنىڭدىن تۇپراقنى سورۇپ، توزىتىۋېتىدىغان شاماللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② ﴿وِقۡرًا﴾ ھەر قانداق جانلىق كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدىغان ئېغىرلىقنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الحٰمِلٰتِ﴾ بۇلۇتلارنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى شاماللار ياكى ئېغىر ئاياغ ھايۋان ھامىلىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك، سۇنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى بۇلۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ ﴿ٱلۡجَٰرِيَٰتِ﴾ سۇ يۈزىدە يۈرگۈچى كېمىلەر. ﴿يُسۡرٗا﴾ ئاسان، ئوڭايلىق بىلەن.

④ ﴿ٱلۡمُقَسِّمَٰتِ﴾ بۇنىڭدىن ئىش تەقسىم قىلىدىغان پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى رەھمەت ئېلىپ كېلىدىغان پەرىشتىلەر، بەزىسى ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان پەرىشتىلەر، بەزىسى سۇ ئېلىپ كېلىدىغان، بەزىسى قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك ئېلىپ كېلىدىغان پەرىشتىلەر، بەزىسى شاماللارغا مۇئەككەل پەرىشتىلەر، بەزىسى ئۆلۈم ۋە ھادىسىلەرگە مۇئەككەل پەرىشتىلەر بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن شامااللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلگەن سۈپەتلەرنى شامالنىڭ سۈپەتلىرى دەپ تەپسىر قىلغان. قەسەمدىن مەقسەت قەسەم قىلىنغۇچىنىڭ راستلىقىنى بايان قىلىش ياكى سۆزنى تەكىتلەش ياكى قەسەم قىلىنغۇچىنى دەلىل سۈپىتىدە كۆرسىتىش بولىدۇ. بۇ يەردە ئاخىرقى تۆردىكى قەسەم كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندە بايان قىلىندى. يەنى سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە ھەق ۋە راستتۇر، قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، قىيامەتتە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. شامااللارنىڭ يۈرۈشى، بۇلۇتلارنىڭ سۇنى كۆتۈرۈشى، دېڭىزلاردا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى، پەرىشتىلەرنىڭ ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. چۈنكى، ئادەتتىكى سەۋەب-ۋاستىلەر بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان بۇ مۇشكۈل ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى زات قىيامەت كۈنى بارلىق ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

إِنَّمَا تُوعَدُونَ لَصَادِقٞ ۝٥ وَإِنَّ ٱلدِّينَ لَوَٰقِعٞ ۝٦ وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ
ٱلۡحُبُكِ ۝٧ إِنَّكُمۡ لَفِي قَوۡلٖ مُّخۡتَلِفٖ ۝٨ يُؤۡفَكُ عَنۡهُ مَنۡ أُفِكَ ۝٩
قُتِلَ ٱلۡخَرَّٰصُونَ ۝١٠ ٱلَّذِينَ هُمۡ فِي غَمۡرَةٖ سَاهُونَ ۝١١ يَسۡـَٔلُونَ أَيَّانَ
يَوۡمُ ٱلدِّينِ ۝١٢ يَوۡمَ هُمۡ عَلَى ٱلنَّارِ يُفۡتَنُونَ ۝١٣

***سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (مۇكاپات، جازا، قىيامەت قاتارلىق ھەممە)***

*نەرسىلەر ئەلۋەتتە راستتۇر [5]. (ياخشى ئەمەللەرگە قارىتا) مۇكاپاتلاش ۋە (يامان ئەمەللەرگە قارىتا) جازالاش چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر [6]. يوللىرى بار ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى①، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ (پەيغەمبەر ھەققىدىكى) سۆزۈڭلار (نىڭ تۇتامى يوق) خىلمۇخىلدۇر② [8 ـ 7]. (ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىي ئەزەلىسىدە ھىدايەتتىن) بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم (قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن) بۇرۇۋېتىلىدۇ③ [9]. كاززاپلارغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇلار جاھالەتكە پاتقان غاپىللاردۇر [11 ـ 10]. ئۇلار: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ [12]. ئۇ بولسا ئۇلار دوزاختا كۆيدۈرۈلىدىغان كۈندە (بولىدۇ)④ [13].*

① يەنە بىر مەنىسى: كۆركەم، چىرايلىق، زىننەتلىك بىنا قىلىنغان ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېگەن بولىدۇ. ئاسماننىڭ گۈزەللىكى ئېگىز، سۈپسۈزۈك، قاتمۇقات، ناھايىتى پۇختا ۋە كەڭرىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. كۈن، ئاي، تۇرغۇن ۋە سەييارە يۇلتۇزلار ئاسماننىڭ گۈزەللىكىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشىدۇ.

② يەنى ئى مەككە ئەھلى! سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار بىر خىل ئەمەس، ئاراڭلاردا ھېچبىر سۆزدە بىرلىك يوق، دېمەك سۆزۈڭلارنىڭ تۇتامى يوق، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ئاراڭلاردىكى بىر قىسىم كىشىلەر سېھرگەر دېسە، بەزىلىرى شائىر دەيدۇ، بەزىلىرى كاھىن دېسە، بەزىلىرى يالغانچى دەيدۇ. شۇنىڭدەك بەزىڭلار قىيامەتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلار ئۇنىڭدىن شەكلىنىسىلەر، ئاراڭلاردا بىر قىسىم كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاللاھنى قويۇپ باشقا نەرسىلەرنى مەبۇد دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

③ يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ياكى ھەقتىن يەنى تەۋھىدتىن ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈشتىن بۇرۇۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى ئەجابى بولۇپ، مەزكۇر خىلمۇخىل سۆزدىن بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بۇرۇۋېتىلگەن

ۋە قايتۇرۇلغان بولىدۇ.

④ ﴿يُفْتَنُونَ﴾ مەنىسى «يُحَرَّقُونَ " (كۆيدۈرۈلىدۇ). " يُعَذَّبُونَ " (ئازابلىنىدۇ). خۇددى ئالتۇن ئوتتا تاشلىنىپ تەكشۈرۈلگەندەك، ئۇلارمۇ دوزاختىكى ئوتقا تاشلىنىدۇ.

ذُوقُواْ فِتْنَتَكُمْ هَٰذَا ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تَسْتَعْجِلُونَ ﴿١٤﴾ إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ
فِى جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿١٥﴾ ءَاخِذِينَ مَآ ءَاتَىٰهُمْ رَبُّهُمْ ۚ إِنَّهُمْ كَانُواْ قَبْلَ
ذَٰلِكَ مُحْسِنِينَ ﴿١٦﴾ كَانُواْ قَلِيلًا مِّنَ ٱلَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ ﴿١٧﴾
وَبِٱلْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ ﴿١٨﴾ وَفِىٓ أَمْوَٰلِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّآئِلِ
وَٱلْمَحْرُومِ ﴿١٩﴾

***(ئۇلارغا) «ئازابىڭلارنى تېتىڭلار①، مانا بۇ سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) تېزراق كېلىشىنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر» (دېيىلىدۇ) [14]. شەكسىزكى، تەقۋادارلار رەببى ئاتا قىلغان (نېمەتلەر)نى قوبۇل قىلىپ، جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا تائەت ـ ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى [16]. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى② [17]. سەھەرلەردە (رەببىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى③ [18]. ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا (كىشىلەردىن ھاجەتلىرىنى) تىلەيدىغان موھتاجلارنىڭ ۋە (ھايا قىلىپ) تىلىمەيدىغان ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەققى بار ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى)④ [19].***

① ﴿فِتْنَتَكُمْ﴾ ئازابىڭلارنى ياكى ئوتتا كۆيۈشنىڭ تەمىنى تېتىڭلار دېگەن مەنىدە. يەنى پىتنىخورلۇقۇڭلارنىڭ ئازابىنى ۋە كاپىر بولغانلىقىڭلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تېتىڭلار.

② " هُجُوعٌ "نىڭ مەنىسى كېچىدە ئۇخلاش. ﴿مَا يَهْجَعُونَ﴾دىكى "ما"

تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن. مەنىسى: ئۇلار كېچىلەردە ئاز ئۇخلايتتى. دېمەك ئۇلار پۈتۈن كېچىنى ئۇخلاپ غەپلەت ۋە ئەيش-ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزمەيتتى. بەلكى، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ، قىيامدا تۇرۇپ، ئىلتىجا بىلەن ئۆتكۈزەتتى. كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى تەكىتلەپ كۆپ ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى ئىنسانلار! ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىڭلار، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار، سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار (ئومۇملاشتۇرۇڭلار)، كېچىدە كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان چاغدا ناماز ئوقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن كىرىسىلەر». (مۇسنەدى ئەھمەد 5ـتوم، 451ـبەت)

③ سەھەر ۋاقتى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىتتۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا (يەنى بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا) چۈشۈپ تاكى تاڭ يورۇغۇچىلىك مۇنداق نىدا قىلىدۇ: گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغۇچى بارمۇ؟ تەۋبىنى قوبۇل قىلىمەن ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلغۇچى بارمۇ؟ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىمەن. مەندىن نەرسە سورىغۇچى بارمۇ؟ ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بېرىمەن». (سەھىھ مۇسلىم 758ـھەدىس)

④ ﴿ٱلۡمَحۡرُومِ﴾ باشقىلاردىن بىر نەرسە سورىمايدىغان موھتاج كىشىلەرنى يەنى سەدىقىگە لايىق بولسىمۇ، باشقىلار ئۇلارغا بىر نەرسە بەرمەيدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار ھەرخىل ئاپەتلەر تۈپەيلى مال-مۈلۈكىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەردۇر.

وَفِي ٱلۡأَرۡضِ ءَايَٰتٞ لِّلۡمُوقِنِينَ ۝٢٠ وَفِيٓ أَنفُسِكُمۡۚ أَفَلَا تُبۡصِرُونَ ۝٢١
وَفِي ٱلسَّمَآءِ رِزۡقُكُمۡ وَمَا تُوعَدُونَ ۝٢٢ فَوَرَبِّ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ
إِنَّهُۥ لَحَقّٞ مِّثۡلَ مَآ أَنَّكُمۡ تَنطِقُونَ ۝٢٣ هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ضَيۡفِ
إِبۡرَٰهِيمَ ٱلۡمُكۡرَمِينَ ۝٢٤ إِذۡ دَخَلُواْ عَلَيۡهِ فَقَالُواْ سَلَٰمٗاۖ قَالَ سَلَٰمٞ

قَوۡمٞ مُّنكَرُونَ ﴿٢٥﴾ فَرَاغَ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ فَجَآءَ بِعِجۡلٖ سَمِينٖ ﴿٢٦﴾ فَقَرَّبَهُۥٓ
إِلَيۡهِمۡ قَالَ أَلَا تَأۡكُلُونَ ﴿٢٧﴾ فَأَوۡجَسَ مِنۡهُمۡ خِيفَةٗۖ قَالُواْ لَا تَخَفۡۖ
وَبَشَّرُوهُ بِغُلَٰمٍ عَلِيمٖ ﴿٢٨﴾

*زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا (ئاللاھقا) چىن ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار، سىلەر (بۇلارنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ [21 ـ 20]. ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار ۋە سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر بار① [22]. ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك (يەنى ئۆزۈڭلارنىڭ سۆزلىگىنىڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئېنىق بولغاندەك) ھەقتۇر② [23]. (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟③ [24] ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ «سالام» دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى ۋە (ئىچىدە): «بۇ ناتونۇش ئادەملەرغۇ» دېدى④ [25]. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ (كاۋاپ قىلىنغان) بىر سېمىز موزايىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى، ئاندىن: «يېمەمسىلەر؟» دېدى⑤ [27 ـ 26]. (ئۇلارنىڭ يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ دىلىدا) ئۇلاردىن قورقۇشقا باشلىدى⑥،*

① يەنى سىلەرنىڭ رىزقىڭلار ھاسىل بولىدىغان يامغۇرمۇ ئاسماندىدۇر. شۇنىڭدەك سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت، دوزاخ، ساۋاب ۋە ئازابمۇ ئاسمانلاردىدۇر.

② ﴿إِنَّهُۥ﴾دىكى ئالماش «ئۇ» ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، مۇكاپات ۋە جازا قاتارلىق ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ۋە ئالامەتلەر ھەقتۇر.

③ بۇ سوئال جۈملىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر خىل ئەسكەرتىش بار. يەنى ئى پەيغەمبەر! بۇ قىسسىدىن سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق ئىدى، ئۇنى ساڭا بىز ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈۋاتىمىز.

④ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى كۆڭلىگە كەلتۈردى، ئۇلارغا ئاڭلىتىپ دېمىدى.

⑤ يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا گۆش قويۇلسىمۇ، قوللىرىنى ئۇزاتماي تۇرغاچقا، ئۇلاردىن سورىدى.

⑥ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قورقۇنچ ھېس قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى، تاماق يېمەيۋاتقانلىقىغا قارىغاندا، بۇلار ياخشى نىيەت بىلەن ئەمەس، بەلكى يامان غەرەز بىلەن كەلگەنلەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانلىقىدىن ئىدى.

فَأَقْبَلَتِ ٱمْرَأَتُهُۥ فِى صَرَّةٍ فَصَكَّتْ وَجْهَهَا وَقَالَتْ عَجُوزٌ عَقِيمٌ ﴿٢٩﴾
قَالُواْ كَذَٰلِكِ قَالَ رَبُّكِ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٣٠﴾

***ئۇلار «قورقمىغىن (بىز رەببىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز)» دېدى① ۋە ئۇنىڭغا بىلىملىك (بولىدىغان) بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردى [28]. ئىبراھىمنىڭ ئايالى ۋارقىراپ كىلىپ (ئەجەبلەنگەنلىكىدىن) ② ئۆزىنىڭ يۈزىنى كاچاتلاپ: «مەن بىر تۇغماس موماي تۇرسام (قانداقمۇ تۇغىمەن؟)» دېدى [29]. ئۇلار: «رەببىڭ شۇنداق دېدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» دېدى③ [30].***

① ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدىكى قورقۇنچ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ پەرىشتىلەر شۇنداق دېدى.

② ﴿صَرَّةٍ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى ۋارقىراش، سۈرەن سېلىش، يەنى سۈرەن سېلىپ دېدى.

③ يەنى بىز ساڭا يەتكۈزگەن بېشارەتنى ئۆزىمىز تەرىپىدىن دېمىدۇق، بەلكى رەببىڭ شۇنداق دېگەن، بىز ساڭا شۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈۋاتىمىز، شۇڭا بۇنىڭدىن تەئەججۇبلىنىش ۋە شەكلىنىشنىڭ ئورنى يوق. ئاللاھ نېمىنى ئىرادە قىلسا، ئۇ چوقۇم ۋۇجۇدقا كەلمەي قالمايدۇ.

﴿قَالَ فَمَا خَطْبُكُمْ أَيُّهَا ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٣١﴾ قَالُوٓاْ إِنَّآ أُرْسِلْنَآ إِلَىٰ
قَوْمٍ مُّجْرِمِينَ ﴿٣٢﴾ لِنُرْسِلَ عَلَيْهِمْ حِجَارَةً مِّن طِينٍ ﴿٣٣﴾ مُّسَوَّمَةً
عِندَ رَبِّكَ لِلْمُسْرِفِينَ ﴿٣٤﴾ فَأَخْرَجْنَا مَن كَانَ فِيهَا مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٣٥﴾
فَمَا وَجَدْنَا فِيهَا غَيْرَ بَيْتٍ مِّنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿٣٦﴾

*ئىبراھىم: «ئى ئەلچىلەر! سىلەر نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتىلدىڭلار» دېدى① [31]. ئۇلار: «بىز ھەقىقەتەن بىر گۇناھكار قەۋمگە② ئەۋەتىلدۇق (يەنى لۇت قەۋمىنى ھالاك قىلىشقا ئەۋەتىلدۇق) [32]. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (لايدىن پىشۇرۇلغان) ساپال تاشلارنى ياغدۇرىمىز③ [33]. ئۇلار رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا (گۇناھى) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئۈچۈن بەلگە قويۇلغان (يەنى ھالاك قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلغان) تاشلاردۇر»④ [34]. (ھالاك بولمىسۇن دەپ) ئۇ شەھەردىكى مۇئمىنلەرنى (دەرھال) سىرتقا چىقىرىۋەتتۇق⑤ [35]. بىز ئۇ شەھەردە مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بىر ئۆينىلا (يەنى بىر ئائىلىنىلا) ئۇچراتتۇق⑥ [36].*

① ﴿خَطْبُ﴾ ئىش، مۇددىئا، مەقسەت مەنىسىدە. يەنى بۇ بېشارەتتىن باشقا سىلەر يەنە نېمە ئىش، نېمە مەقسەتتە ئەۋەتىلدىڭلار؟

② بۇنىڭدىن ئەڭ چوڭ گۇناھى بەچچىۋازلىق بولغان لۇت قەۋمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ «ياغدۇرىمىز» يەنى ئۇ ساپال تاشلارنى ئۇلارغا ئاتىمىز، يەنى ئۇلارنى تاش-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز. بۇ تاشتىن ياسالغان ساپاللار ئەمەس، ئاسماندىن چۈشىدىغان مۆلدۈرمۇ ئەمەس، بەلكى لايدىن ياسالغان ساپال تاشلار ئىدى.

④ ﴿مُسَوَّمَةً﴾ بەلگە قويۇلغان، بەلگىلىك دېگەن مەنىدە. يەنى بۇ ساپال-تاشلارنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى بولۇپ، ئاسانلا تونۇۋالغىلى بولاتتى ياكى مەخسۇس ئازاب ئۈچۈن تەييارلانغان ساپال تاشلار ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ھەربىر ساپال تاشقا ئۆلۈمگە مەھكۇم گۇناھكارنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئىدى. ﴿مُسْرِفِيْنَ﴾ شېرىك ۋە گۇمراھلىقتا

ئەزۋەيلەپ، گۇناھ-مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئاشقۇچىلار دېگەن مەنىدە.

⑤ يەنى بىز ئۇلارنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن، ئازاب كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدۇق.

⑥ بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ئىككى قىزى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بار ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۇلار جەمئىي 13 ئادەم ئىدى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى يوق ئىدى. ئۇ ئۆز قەۋمى بىلەن ئازابتا ھالاك بولغۇچىلاردىن ئىدى. (ئەيسەر تەپاسىر) ئىسلام - بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تولۇق بويسۇنغۇچى مۇسۇلمان بولىدۇ، بۇ ئېتىبار بىلەن ھەر مۇئمىن مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئالدىدىكى ئايەتتە ئۇلارغا «مۇئمىنلەر» دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلدى، ئاندىن كېيىن ئۇلار «مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتالدى. بەزى ئۆلىمالار بۇنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق، دەيدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇئمىن بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدا پەرق بار دەپ قارايدۇ. قۇرئان كەرىم ئەرەب لۇغىتىدىكى بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنە پەرقىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا بەزى ئايەتلەردە «مۇئمىن» سۆزىنى ئىشلەتكەن بولسا، بەزى ئايەتلەردە «مۇسۇلمان» سۆزىنى ئىشلەتكەن. چۈنكى، لۇغەتتىكى مەنىسىگە قارىغاندا شەرىئەتتە ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇ مەنىسىگە ئاساسلىنىش بەكرەك مۇھىمدۇر. بۇ ئىككى سۆزنىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسىدە پەقەت تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان پەرقتىن باشقا پەرق يوقتۇر. بىر ھەدىستە جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئىسلام نېمە؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە روزا تۇتۇش دەپ جاۋاب بەردى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، ئىمان نېمە؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈش دەپ جاۋاب بەردى. يەنى چىن قەلبىدىن مەزكۇر نەرسىلەرگە ئىشىنىش ئىمان، پەرز-ئەھكاملارنى ئادا قىلىش ئىسلامدۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلمان، ھەربىر مۇسۇلمان مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) مۇئمىن بىلەن

مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدا پەرق بار دەپ قارايدىغانلار مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىم بۇ يەردە بىر گۇرۇھ ئۇچۇن مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان دىگەن سۆزنى ئوخشاش قوللاندى، بۇ توغرا، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نۇقتىسىدىن قارىغاندا ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلماندۇر، ئەمما ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مۇئمىن بولۇشى زۆرۈر ئەمەس. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ھەر ھالدا بۇ بىر ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، ھەر ئىككى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا دەلىلى بار.

وَتَرَكْنَا فِيهَآ ءَايَةً لِّلَّذِينَ يَخَافُونَ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَلِيمَ ﴿٣٧﴾ وَفِى مُوسَىٰٓ
إِذْ أَرْسَلْنَٰهُ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٣٨﴾ فَتَوَلَّىٰ بِرُكْنِهِۦ وَقَالَ
سَٰحِرٌ أَوْ مَجْنُونٌ ﴿٣٩﴾ فَأَخَذْنَٰهُ وَجُنُودَهُۥ فَنَبَذْنَٰهُمْ فِى ٱلْيَمِّ وَهُوَ
مُلِيمٌ ﴿٤٠﴾ وَفِى عَادٍ إِذْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ ٱلرِّيحَ ٱلْعَقِيمَ ﴿٤١﴾

*قاتتىق ئازابتىن قورقىدىغانلار (نىڭ ئىبرەت ئېلىشى) ئۈچۈن ئۇ شەھەردە بىر (ئىبرەتلىك) بەلگە - ئالامەت قالدۇردۇق① [37]. مۇسا (نىڭ قىسسىسى) دىمۇ (بىر ئىبرەتلىك ئالامەت بار). ئۆز ۋاقتىدا بىز ئۇنى روشەن دەلىل بىلەن پىرئەۋنگە ئەۋەتتۇق [38]. پىرئەۋن قوشۇنى② بىلەن بىرلىكتە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى ۋە (مۇسانى) «بۇ بىر سېھىرگەر ياكى مەجنۇندۇر» دېدى [39]. بىز ئۇنى ۋە قوشۇننى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىدۇق، ئۇ (ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك) مالامەتكە تېگىشلىك ئىدى③ [40]. ئاد قەۋمى (نىڭ قىسسىسى) دىمۇ (بىز تەرەپتىن بىر تەنبىھ ۋە ئىبرەتلىك ئالامەت بار)④. ئۆز ۋاقتىدا بىز ئۇلارغا (خەيرلىك بولمىغان) يامان بوراننى⑤ ئەۋەتكەن ئىدۇق [41].*

① يەنى ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ئازاب - ئوقۇبەت ۋە ساپال تاشلار بىلەن خارابىلىققا ئايلانغان شەھەرنى ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن ئىبرەتلىك بەلگە - ئالامەت قىلىپ قالدۇردۇق. بۇ ھالاك بولغان شەھەردىكى ئازابنىڭ تەسىرى ۋە بەلگىلىرى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ساقلىنىپ قالدى. ئۇ بەلگە - ئالامەتلەر ئالالاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغانلار

ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ۋەز-نەسىھەتنى پەقەت شۇلار قوبۇل قىلىدۇ، بەلگە-ئالامەتلەر ھەققىدە ئەنە شۇلارلا پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

② ﴿رُكْنِ﴾ تۈۋرۈك، تايانچ، ئاساس دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە پىرئەۋن تايىنىدىغان ئەسكىري كۈچ يەنى ئۇنىڭ قوشۇنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ يەنى ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئەيىبلىنىشكە ۋە مالامەت قىلىنىشقىلا لايىق ئىدى.

④ يەنى بىز ئاد قەۋمىنىڭ قىسسىسىدىمۇ ئىبرەتلىك ئالامەتنى قالدۇردۇق.

⑤ ﴿الرِّيحَ الْعَقِيمَ﴾ «تۇغماس بوران» يەنى ئۇ ياخشىلىق ۋە بەرىكەت بولمىغان بوران ئىدى. ئۇ دەرەخلەردىكى مېۋىلەرنى قويماي تۆكۈۋېتىدىغان بوران ئىدى. يامغۇردىن بېشارەت بېرىدىغان ئەمەس، بەلكى ھالاكەت ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان بوران ئىدى.

مَا تَذَرُ مِن شَيْءٍ أَتَتْ عَلَيْهِ إِلَّا جَعَلَتْهُ كَٱلرَّمِيمِ ﴿٤٢﴾ وَفِي ثَمُودَ
إِذْ قِيلَ لَهُمْ تَمَتَّعُوا۟ حَتَّىٰ حِينٍ ﴿٤٣﴾ فَعَتَوْا۟ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِمْ فَأَخَذَتْهُمُ
ٱلصَّٰعِقَةُ وَهُمْ يَنظُرُونَ ﴿٤٤﴾ فَمَا ٱسْتَطَٰعُوا۟ مِن قِيَامٍ وَمَا كَانُوا۟
مُنتَصِرِينَ ﴿٤٥﴾ وَقَوْمَ نُوحٍ مِّن قَبْلُ ۖ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا فَٰسِقِينَ ﴿٤٦﴾
وَٱلسَّمَآءَ بَنَيْنَٰهَا بِأَيْي۟دٍ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ ﴿٤٧﴾

*ئۇ (بوران) قانداقلا نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك (تىتما - تالان) قىلىۋېتەتتى① [42]. سەمۇد قەۋمى (نىڭ قىسسىسى) دىمۇ (ئىبرەت بار). ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا: «سىلەر مەلۇم مۇددەتكىچە ياشىۋېلىڭلار» دېيىلگەن ئىدى② [43]. ئۇلار رەببىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (ئازابنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىغا) قاراپ تۇرغان ھالىتىدە چاقماق سوقتى③ [44]. ئۇلار (ئازاب چۈشكەن ۋاقىتتا) ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقىمۇ قادىر بولالمىدى④، ئۆزلىرىنى قوغداپمۇ قالالمىدى⑤ [45]. بىز ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلدۇق)، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتەن*

***ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چىققان (پاسىق) قەۋم ئىدى⑥ [46]. ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق⑦، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە كېڭەيتكۈچىمىز⑧ [47].***

① بۇ ئاد قەۋمىگە ئازاب قىلىپ ئەۋەتىلگەن بوراننىڭ تەسىرى ئىدى. بۇ بوران سوغۇق ۋە تېز سۈرئەتلىك بولۇپ، يەتتە كېچە، سەككىز كۈن ئىزچىل داۋام قىلدى. ﴿ئاللاھ ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى. (ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾. (سۈرە ھاققە 7-ئايەت )

② يەنى ئۇلار ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزە تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا: ئەمدى ئۈچ كۈن دۇنيادا ياشىۋېلىڭلار، ئۈچ كۈندىن كېيىن ھالاك قىلىنىسىلەر، دېيىلدى. بۇ يەردىكى «مەلۇم مۇددەت» شۇ ئۈچ كۈنگە قارىتىلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى سالىھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا دېگەن سۆز، دەپ قارايدۇ. ئايەتنىڭ ئىبارىلىرىدىن شۇنداق مەنىنى ئېلىشقىمۇ بولىدۇ، ئەمما جۈملىنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا كېيىنكى ئۇقۇم توغرىغا يېقىندۇر.

③ ئاسماندىن قاتتىق ﴿الصَّعِقَةُ﴾ (چاقماق) گۈلدۈرماما ئاۋازى كەلگەن بولسا، ئاستى تەرەپتىن ﴿الرَّجْفَةُ﴾ (زىلزىلە) زېمىن قاتتىق تەۋرىگەن ئىدى. تەپسىلاتى سۈرە ئەئراف 78-ئايەتنىڭ شەرھىسىدە بايان قىلىندى.

④ قېچىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ قادىر بولالمىدى.

⑤ يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئۆزلىرىنى قوغداپمۇ قالالمىدى.

⑥ نۇھ قەۋمى بولسا ئاد، پىرئەۋن، سەمۇد قەۋملىرىدىن خېلى ئىلگىرى ئۆتكەن ئىدى. ئۇلارمۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلماستىن، بويۇنتاۋلۇق ۋە سەركەشلىك يولىنى تاللىدى. ئاخىرى توپان بالاسىدا غەرق بولدى.

⑦ ﴿السَّمَآءَ﴾ تولدۇرغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى زەۋەر ئوقۇلغان. ئۇنىڭغا ﴿بَنَيْنَا﴾ «بەرپا قىلدۇق» دېگەن ئۆتۈملۈك پېئىل تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ پېئىل بولسا، جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. ئەسلىدە " بَنَيْنَا

السَّمَاءَ بَنَيْنَاهَا " ئىدى.

⑧ يەنە بىر مەنىسى، ئاسمان ئەزەلدىنلا ناھايىتى كەڭدۇر، لېكىن بىز ئۇنى تېخىمۇ كەڭ قىلىشقا قادىرمىز. يەنە بىر مەنىسى، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇش ئارقىلىق رىزىقنى كەڭ قىلىشقا قۇدرەتلىكمىز. ﴿مُوسِعُ﴾ «كېڭەيتكۈچى» دېگەن سۆزنى "وُسْعُ" «كۈچ، قۇۋۋەت، ئىقتىدار» دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان دەپ ئالغاندا، «قۇدرەت ئىگىسى، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، قادىر» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بىز مۇشۇ ئاسمانغا ئوخشاش يەنە بىر ئاسمان يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز، بىزدە شۇنداق كۈچ-قۇدرەت بار، بىز ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىپ چارچاپ قالغىنىمىز يوق، بىلىڭلاركى، بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ چېكى يوقتۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

وَٱلْأَرْضَ فَرَشْنَٰهَا فَنِعْمَ ٱلْمَٰهِدُونَ ﴿٤٨﴾ وَمِن كُلِّ شَىْءٍ خَلَقْنَا زَوْجَيْنِ
لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ﴿٤٩﴾ فَفِرُّوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ ۖ إِنِّى لَكُم مِّنْهُ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٥٠﴾
وَلَا تَجْعَلُوا۟ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ ۖ إِنِّى لَكُم مِّنْهُ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٥١﴾
كَذَٰلِكَ مَآ أَتَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا قَالُوا۟ سَاحِرٌ أَوْ
مَجْنُونٌ ﴿٥٢﴾

***بىز زېمىننى (سېلىنچا قىلىپ) ياىدۇق① ، بىز نېمىدېگەن ياخشى ياىغۇچىمىز! [48]. بىز سىلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن② ، ھەربىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق③ [49]. (ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى)، «(ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ تەرەپكە قېچىڭلار (يەنى ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىڭلار)④ ، چۈنكى مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن [50]. سىلەر باشقا مەبۇدنى ئاللاھقا شېرىك قىلماڭلار، مەن راستىنلا سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»⑤ [51]. شۇنىڭدەك (يەنى مەككىلىكلەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغاندەك)، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرگىمۇ بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا، (ئۇنى ئىنكار قىلىپ): «سېھىرگەر ياكى***

مەجنۇن» دېگەن ئىدى *[52]*.

① يەنى بىز زېمىننى گىلەمدەك تۈز بىپايان قىلىپ يايدۇق (يەنى ئۇنىڭدا ياشاشنى قولايلىق قىلدۇق).

② شۇنى بىلىشىڭلار ئۈچۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى پەقەت بىر ئاللاھتۇر. ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر.

③ يەنى ھەر شەيئىنى ئەركەك-چىشى قىلىپ، جۈپ-جۈپى بىلەن ياكى ھەر نەرسىنى زىتى ۋە قارشىسى بىلەن ياراتتۇق. مەسىلەن: يورۇقلۇقنى قاراڭغۇلۇق بىلەن، قۇرۇقلۇقنى دېڭىز بىلەن، كۈننى ئاي بىلەن، تاتلىقنى ئاچچىق بىلەن، كېچىنى كۈندۈز بىلەن، ياخشىلىقنى يامانلىق بىلەن، ھاياتلىقنى ئۆلۈم بىلەن، ئىماننى كۇفرى بىلەن، بەخت-سائادەتنى بەختسىزلىك بىلەن، جەننەتنى دوزاخ بىلەن زىت قىلدۇق. شۇنىڭدەك ئىنسانلار بىلەن جىنلار ھەتتا جانلىقلارنىڭ قارشىسىدا جانسىزلار بار. چۈنكى، دۇنيانىڭمۇ جۈپتى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئاخىرەت. ئۇ دۇنيانىڭ قارشىسىدا يەنە بىر ياشاش ماكانىدۇر.

④ يەنى كۇفرى-مەئسىيەتتىن تەۋبە قىلىپ، دەرھال ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا باش ئېگىڭلار. بۇ ئىشتا تەخىر قىلماڭلار.

⑤ مەن سىلەرنى روشەن بايانلار بىلەن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، سىلەرگە خەير-خاھلىق قىلغۇچىمەن، سىلەر پەقەت ئاللاھ تەرەپكە قايتىڭلار، ئۇنىڭغىلا تايىنىڭلار، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچى بولماستىن، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم بولۇپ قالىسىلەر.

وَذَكِّرۡ فَإِنَّ ٱلذِّكۡرَىٰ تَنفَعُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٥٥﴾ وَمَا خَلَقۡتُ ٱلۡجِنَّ
وَٱلۡإِنسَ إِلَّا لِيَعۡبُدُونِ ﴿٥٦﴾ مَآ أُرِيدُ مِنۡهُم مِّن رِّزۡقٖ وَمَآ أُرِيدُ أَن
يُطۡعِمُونِ ﴿٥٧﴾ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلرَّزَّاقُ ذُو ٱلۡقُوَّةِ ٱلۡمَتِينُ ﴿٥٨﴾ فَإِنَّ لِلَّذِينَ
ظَلَمُواْ ذَنُوبٗا مِّثۡلَ ذَنُوبِ أَصۡحَٰبِهِمۡ فَلَا يَسۡتَعۡجِلُونِ ﴿٥٩﴾ فَوَيۡلٞ

لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن يَوۡمِهِمُ ٱلَّذِي يُوعَدُونَ ﴿٦٠﴾

***ئۇلار بۇنداق قىلىشنى (يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر - بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟①ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس) ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر② [53]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (ئۇلار سەۋەبلىك) سەن ھەرگىز ئەيىبلەنمەيسەن [54]. سەن (يەنىلا) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن. چۈنكى ۋەز - نەسىھەت مۆئمىنلەرگە پايدىلىقتۇر③ [55]. جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم④ [56]. مەن ئۇلاردىن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ خالىمايمەن⑤ [57]. شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەممىگە) رىزىق بەرگۈچىدۇر، كۈچ - قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر، ناھايىتى قۇدرەتلىكتۇر [58]. شەكسىزكى، بۇ (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلارغىمۇ ئىلگىرىكى (ھالاك بولغان زالىم) دوستلىرىنىڭ (ئازابتىن) نېسىۋىسى بولغاندەك نېسىۋىسى بولىدۇ⑥، (شۇڭا) ئۇلار (ئۆزلىرىنى ئازابلاشقا) مېنى ئالدىراتمىسۇن (ئۇ ئازاب چوقۇم كېلىدۇ)⑦ [59]. ئىنكار قىلغانلارنىڭ ۋەدە قىلىنغان كۈندىكى ھالىغا ۋاي! [60].***

① يەنى خۇددى ئىلگىرىكى قەۋملەر كېيىنكىلەرگە ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەندەك، ھەربىر كېيىن كەلگەن قەۋم ئۆزىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى، ئۇلارنى سېھىرگەر ۋە مەجنۇن دېدى. بىر قەۋمدىن كېيىن كەلگەن يەنە بىر قەۋم ئەنە شۇنداق ئىنكار قىلىش يولىنى تاللىدى.

② يەنى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە ۋەسىيەت قىلغىنى يوق، ئەمما ھەربىر قەۋم ئۆز مەۋقەسىدە ھەددىدىن ئاشقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دىللىرىمۇ، پەيغەمبەرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاشتۇر. شۇ ۋەجىدىن كېيىنكىلەرمۇ ئىلگىرىكىلەر نېمە دېگەن بولسا، شۇنى دېگەن، نېمىنى قىلغان بولسا، شۇنى قىلغان.

③ چۈنكى، ۋەز-نەسىھەت ئەنە شۇلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، سەن ۋەز-نەسىھەتنى داۋام قىلغىن، ئۇنىڭدىن پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلمى ئەزەلىيىسىدە ئىمان ئېيتىدىغانلىقى ئېنىق بولغان

كىشىلەرلا پايدا ئالىدۇ.

④ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزى ياقتۇرىدىغان ۋە بارلىق ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن تەلەپ قىلىدىغان شەرئىي مەجبۇرىيەتنى ھەققىدىكى ئىرادىسى ۋە مەقسىتىنى بايان قىلدى، ئۇ مەقسەت بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشى ۋە بويسۇنۇشى دەپ يارىتىلغانلىقىدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ تەكۋىنى ئىرادىسى بويىچە ئىنسانلار ۋە جىنلارنى كائىناتنىڭ بويسۇنغانلىقىغا ئوخشاش مەجبۇرىي بويسۇنىدىغان قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا ھېچبىر ئىنسان ۋە جىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىشقا قادىر بولالمىغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئايەتتە ئىنسانلار ۋە جىنلارغا بۇ ھاياتنىڭ مەقسىتى ئەسكەرتىلدى، ئەگەر ئۇلار بۇ مەقسەتنى ئىسىدىن چىقارسا، ئاخىرەتتە ئېغىر جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تاللاش ئىختىيارى بېرىپ، ئالغان ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ھېسابلىنىدۇ.

⑤ يەنى ماڭا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشۇن دېگەندىن مەقسەت ئىشلەپ، پۇل تېپىپ مېنى ئوزۇقلاندۇرسۇن ئۈچۈن ئەمەس. دۇنيادىكى خوجايىنلارنىڭ مەقسىتى شۇنداق بولىدۇ. رىزىقنىڭ بارلىق خەزىنىسى مېنىڭ ئىلكىمدە. ماڭا ئىبادەت قىلساڭلار، پايدىسى ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، ئاخىرەتتە ساۋابىنى ئۆزۈڭلار ئالىسىلەر، ئۇنىڭ ماڭا ھېچ پايدىسى يوقتۇر.

⑥ ﴿ذَنُوبٍ﴾نىڭ مەنىسى تولدۇرۇلغان چېلەك. قۇدۇقتىن چېلەك بىلەن سۇ تارتىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ، بۇ ئېتىبار بىلەن چېلەك بۇ يەردە نېسىۋە مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. دېمەك، زالىملارغا ئازابتىن نېسىۋىسى يېتىدۇ، خۇددى ئىلگىرىكى كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارغا ئازابتىن نېسىۋىسى يەتكەندەك.

⑦ ئەمما بۇ ئازاب ئۇلارغا قاچان كېلىدۇ؟ بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىغا باغلىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئازابنىڭ تېزراق كېلىشىگە ئالدىرىماڭلار ياكى ئۇنىڭ تېزراق كېلىشىنى تىلىمەڭلار.

# سۈرە تۇر

| (٥٢) سورة الطور مكية ٤٩ آية | (52) سۈرە تۇر مەككىدە چۈشكەن 49 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلطُّورِ ۝١ وَكِتَٰبٖ مَّسۡطُورٖ ۝٢ فِي رَقّٖ مَّنشُورٖ ۝٣ وَٱلۡبَيۡتِ
ٱلۡمَعۡمُورِ ۝٤

***تۇر تېغى بىلەن قەسەمكى① [1]، يېيىلغان تېرە② قەغەزگە پۈتۈلگەن كىتاب③ (يەنى قۇرئان) بىلەن قەسەمكى [3 ـ 2]، بەيتۇلمەئمۇر بىلەن قەسەمكى④ [4]،***

① ﴿الطُّوْرِ﴾ تۇر تېغى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۈستىدە تۇرۇپ ئاللاھ تائالا بىلەن سۆزلەشكەن تاغدۇر. بۇ تاغ تۇرسىنا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تاغنىڭ شەرىپىگە ئاساسەن ئۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلدى.

② ﴿مَسْطُوْرٍ﴾ «پۈتۈلگەن»نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى رەتلىك يېزىلغان خەت. مۇپەسسىرلەرنىڭ ھەرخىل قاراشلىرىغا ئاساسەن بۇ يەردىكى «پۈتۈلگەن كىتاب»تىن قۇرئان كەرىم ياكى لەۋھۇلمەھپۇز ياكى بارلىق چۈشۈرۈلگەن كىتابلار ياكى پەرىشتىلەر يازىدىغان بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەمەلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ ﴿رَقٍّ﴾ ئىلگىرىكى زاماندا ئۈستىگە خەت يېزىلىدىغان نېپىز تېرە دېمەكتۇر. بۇ ﴿مَسْطُورٍ﴾ «يېزىلغان، پۈتۈلگەن» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ﴿مَنْشُورٍ﴾ يەنى " مَبْسُوطٍ " يېيىلغان ۋە ئېچىلغان دېگەن مەنىدە. يەنى يېيىلغان تېرە قەغەزگە يېزىلغان كىتاب.

④ «بەيتۇلمەئمۇر» يەتتىنچى قات ئاسماندىكى پەرىشتىلەر ئىبادەت قىلىدىغان جايدۇر. بەيتۇلمەئمۇر ھەر ۋاقىت پەرىشتىلەر بىلەن لىق تولۇپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا ۋەقەسىنى بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «مەن بەيتۇلمەئمۇرغا ئۆرلىتىلدىم. ئۇ يەرگە ھەر كۈنى 70 مىڭ پەرىشتە (ئىبادەت قىلغىلى) كىرىدىكەن، پەرىشتىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارغا ئۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم كىرىشكە قىيامەتكىچە نۆۋەت تەگمەيدىكەن» بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «بەيتۇلمەئمۇر» دېگەندىن ھەرەم مەسجىدى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ھەرەم مەسجىدىمۇ تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن ئىنسانلار بىلەن ھەر ۋاقىت لىق تولۇپ تۇرىدۇ. «مەئمۇر»نىڭ مەنىسى تولغان، ئاۋات بولغان دېگەن مەنىدە.

وَٱلسَّقۡفِ ٱلۡمَرۡفُوعِ ۝٥ وَٱلۡبَحۡرِ ٱلۡمَسۡجُورِ ۝٦ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ
لَوَٰقِعٞ ۝٧ مَّا لَهُۥ مِن دَافِعٖ ۝٨ يَوۡمَ تَمُورُ ٱلسَّمَآءُ مَوۡرٗا ۝٩ وَتَسِيرُ
ٱلۡجِبَالُ سَيۡرٗا ۝١٠ فَوَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ۝١١ ٱلَّذِينَ هُمۡ فِي خَوۡضٖ
يَلۡعَبُونَ ۝١٢ يَوۡمَ يُدَعُّونَ إِلَىٰ نَارِ جَهَنَّمَ دَعًّا ۝١٣

***ئېگىز تورۇس (ئاسمان) بىلەن قەسەمكى① [5]، (قىيامەت كۈنى) ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى② [6]، رەببىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈسىدۇر (چۈشكۈچىدۇر) [7]. ئۇنى ھېچقانداق توسۇپ قالغۇچى يوقتۇر③ [8]. ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ④ [9]. تاغلار سۈرۈلۈپ يۈرۈپ كېتىدۇ (يەنى زېمىن ئۈستىدىن توزۇپ يوقىلىپ كېتىدۇ) [10]. (دۇنيادا) غەپلەتكە چۆمۈپ ئويناپ يۈرىدىغان⑤ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي! [12 ـ 11]. ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا***

قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ⑥ [13].

① ئۇنىڭدىن زېمىنغا نىسبەتەن تورۇس ھېسابلىنىدىغان ئاسمان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قۇرئان كەرىم ئاسماننى يەنە بىر ئايەتتە «بىخەتەر تورۇس» دەپ ئاتىدى: ﴿ئاسماننى بىز بىخەتەر تورۇس قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاسماندىكى (كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر﴾. (سۈرە ئەنبىيا 32-ئايەت) بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن بارلىق مەخلۇقاتقا نىسبەتەن تورۇس ھېسابلىنىدىغان ئەرش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

② ﴿الْمَسْجُورِ﴾نىڭ مەنىسى ياندۇرۇلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن ئەرشنىڭ ئاستىدىكى قىيامەت كۈنى يامغۇر بولۇپ چۈشىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈكلەر تىرىلىدىغان سۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ ئالىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن دېڭىز كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېڭىز قىيامەت كۈنى ئوت بولۇپ ياندۇرۇلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. يەنە بىر سۈرىدە كەلتۈرۈلگەنىدەك: ﴿وَإِذَا الْبِحَارُ سُجِّرَتْ﴾ ﴿دېڭىزلەر ئوت بولۇپ يانغان چاغدا﴾ (سۈرە تەكۋىر 6-ئايەت) ئىمام شەۋكانى بۇ ئۇقۇمنى ئەڭ توغرا دەپ قارىغان. قەتادە ﴿الْمَسْجُورِ﴾نى «تولدۇرۇلغان» دەپ ئېلىپ، بۇ ئايەتنى «سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنى ھازىر دېڭىز ئوت بىلەن ئەمەس، سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان. بۇ تەپسىرگە ئىمام تەبەرىمۇ قوشۇلغان ۋە ئۇنىڭ باشقا مەنىلىرىنىمۇ بايان قىلغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ بۇ جۈملە يۇقىرىدىكى قەسەملەرنىڭ جاۋابىدۇر. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان مەزكۇر ئالامەتلەر شۇنىڭغا دەلىل بولىدۇكى، ئاللاھ ۋەدە قىلغان ئازاب چوقۇم يۈز بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشى تۇرالمايدۇ.

④ ﴿مَوْرًا﴾نىڭ مەنىسى ھەرىكەت، زىلزىلە، تەۋرەش دېمەكتۇر. قىيامەت كۈنى ئاسماننىڭ نىزامى بۇزۇلۇپ، سەييارە يۇلتۇزلارنىڭ پارچىلىنىشى سەۋەبىدىن قاتتىق تەۋرەيدىغانلىقى مۇشۇ ئىبارە بىلەن ئىپادىلەندى. بۇ مەزكۇر ئازاب يۈز بېرىدىغان ۋاقىتتۇر، يەنى بۇ ئازاب شۇ كۈنى بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئاسماندا قاتتىق زىلزىلە پەيدا بولىدۇ،

تاغلار زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ، تىتىلىپ، پارچىلىنىپ، قۇم دانىلىرىدەك ۋە توزىغان يۇڭدەك ئۇچۇپ كېتىدۇ.

⑤ يەنى ئۇزى تاللىغان كۇفرى ۋە باتىل بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرىدىغان، ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىشقا بېرىلىپ كېتىدىغان ئىنكارچىلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

⑥ ﴿يُدَعُّونَ﴾نىڭ مەنىسى ناھايىتى قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ.

هَٰذِهِ ٱلنَّارُ ٱلَّتِي كُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿١٤﴾ أَفَسِحۡرٌ هَٰذَآ أَمۡ أَنتُمۡ لَا
تُبۡصِرُونَ ﴿١٥﴾ ٱصۡلَوۡهَا فَٱصۡبِرُوٓاْ أَوۡ لَا تَصۡبِرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡكُمۡۖ إِنَّمَا
تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿١٦﴾ إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَنَعِيمٖ ﴿١٧﴾
فَٰكِهِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡ وَوَقَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡ عَذَابَ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٨﴾ كُلُواْ
وَٱشۡرَبُواْ هَنِيٓـَٔۢا بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿١٩﴾ مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ سُرُرٖ مَّصۡفُوفَةٖۖ
وَزَوَّجۡنَٰهُم بِحُورٍ عِينٖ ﴿٢٠﴾

*(ئۇلارغا) «مانا بۇ سىلەر يالغان دېگەن دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ)① [14]. (ئۇلارغا) «(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمىكەن؟② ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر③ [15]. سىلەر دوزاخقا كىرىڭلار! (سىلەر بۇ ئازابقا) چىدامسىلەر ياكى چىدىمامسىلەر، سىلەرگە بەربىر ئوخشاشتۇر (چۈنكى سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دېيىلىدۇ) [16]. شەكسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە نېمەتلەر ئىچىدە بولىدۇ④ [17]. ئۇلار رەببى ئاتا قىلغان نەرسىلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ⑤، رەببى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ [18]. (ئۇلارغا) «قىلغان ئەمەللىرىڭلار (نىڭ مۇكاپاتى) ئۈچۈن كۆڭۈللۈك (مەززە قىلىپ) يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ)⑥ [19]. ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ⑦، بىز شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز [20].*

① بۇ سۆزنى ئۇلارغا دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر (زابانىيلەر) دەيدۇ.

② سىلەر دۇنيادا پەيغەمبەرلەرنى سېھىرگەر دەپ دەۋا قىلاتتىڭلار، ئەمدى دەپ بېقىڭلار! ماۋۇ ئازابمۇ سېھىرگەرنىڭ سېھىرىمىكەن؟

③ ياكى سىلەر دۇنيادا ھەقنى كۆرۈشتىن كور ئىدىڭلار، ماۋۇ ئازابمۇ سىلەرگە كۆرۈنمەيۋاتامدۇ؟ بۇ سۆز ئۇلارغا ئەيىبلەش ۋە كايىش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئۆز ھەقىقتى بىلەن كۆرۈپ بولغان بولىدۇ.

④ كاپىرلار ۋە بەختسىزلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمدى مۇئمىنلەر ۋە سائادەتمەنلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار رەببى ئۇلارغا ئاتا قىلغان جەننەت نېمەتلىرىدىن قەسىر، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، گۈزەل ئاياللار (ھۆرلەر) ئات-ئۇلاغلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك نېمەتلەردىن ھۇزۇر ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ نېمەتلەر دۇنيادىكى نېمەتلەردىن كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە گۈزەل ۋە ئېسىل بولىدۇ. «ئۇلارغا جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەر بېرىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4779- ھەدىس)

⑥ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿(ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال-خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ﴾. (سۈرە ھاققە 24-ئايەت) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرگە ياخشى ئەمەل قىلىش ناھايىتى زۆرۈردۇر.

⑦ ﴿مَصۡفُوفَةٍ﴾ خۇددى بىر سەپتە تۇرغاندەك بىر-بىرىگە يېقىن ئولتۇرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى مۇنداق تەپسىر قىلدى: ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا قارىشىپ ئولتۇرىدۇ، خۇددى جەڭ مەيدانىدا ئەسكەرلەر بىر-بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغاندەك. بۇ ئۇقۇمنى قۇرئان كەرىم باشقا سۈرىدە مۇنداق ئىبارە بىلەن ئىپادىلىدى: ﴿ئۇلار نازۇ- نېمەتلىك باغلاردا، تەختلەر ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ﴾. (سۈرە سافقات 44-ئايەت)

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱتَّبَعَتۡهُمۡ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَٰنٍ أَلۡحَقۡنَا بِهِمۡ ذُرِّيَّتَهُمۡ
وَمَآ أَلَتۡنَٰهُم مِّنۡ عَمَلِهِم مِّن شَيۡءٖۚ كُلُّ ٱمۡرِيِٕۭ بِمَا كَسَبَ رَهِينٞ ٢١

***ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئىمان ئېيتىپ ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى (جەننەتتە) ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز①، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە گۆرۈدۇر (يەنى مەسئۇلدۇر)② [21].***

① يەنى كىملەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەللىرى، سەمىمىيلىكى، تەقۋادارلىقى بىلەن جەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىگە نائىل بولغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مۇئمىن پەرزەنتلىرىنىڭ دەرىجىلىرىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ دەرىجىلىرىنى تۆۋەن دەرىجىدىكى پەرزەنتلىرىنىڭ دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويمايدۇ. يەنى ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئىككى مەرھەمەت قىلىدۇ. بىرىنچى: ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلىرىنى بىر جايغا جەم قىلىدۇ. بۇنىڭ شەرتى شۇكى، ھەر ئىككىسى مۇئمىن بولۇشى كېرەك. ئىككىنچى: تۆۋەن دەرىجىدىكىلەرنى يۇقىرى دەرىجىدىكىلەر بىلەن بىر ماقامغا كۆتۈرىدۇ. ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى بويىچە «ئا» دەرىجىگە تەۋە كىشىلەرنى «ب» دەرىجىگە چۈشۈرۈشىمۇ بولاتتى، لېكىن بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتىگە توغرا كەلمەيدۇ، شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنداق قىلمايدۇ، بەلكى «ب» دەرىجىگە تەۋە كىشىلەرنى «ئا» دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. مانا بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ بەرىكىتى ئۈچۈن پەرزەنتلەرگە ئاتا قىلغان ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدۇر. يەنە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە، ئاللاھ تائالا پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتى ۋە مەغپىرەت تىلىشى بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ دەرىجىسىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ جەننەتتە ياخشى بەندىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئى رەببىم! بۇ دەرىجە ماڭا نەدىن كەلدى؟ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ: پەرزەنتىڭنىڭ سەن ئۈچۈن

تىلىگەن مەغپىرەتتىن كەلدى، دەيدۇ». (مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 509-بەت ) بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئىنسان ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەمەلى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ: بىرى، ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان سەدىقە (يەنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مەسجىد، كۆۋرۈك، يول قاتارلىقلارغا سەرپ قىلغان پۇل-مال). ئىككىنچىسى، كىشىلەرگە قالدۇرغان پايدىلىق ئىلىم. ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى، تەقۋادار پەرزەنت». (سەھىھ مۇسلىم 1631-ھەدىس)

② ﴿رَهِينٌ﴾ " مَرْهُونٌ " گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلغان دېگەن مەنىدە. ھەربىر شەخس ئۆز ئەمەلىنىڭ رەنىسىگە قويۇلغان بولىدۇ. بۇ رەنىگە قويۇلۇش ئومۇمىي بولۇپ، مۇئمىن ۋە كاپىر ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك كىم (ياخشى ياكى يامان) ئەمەل قىلسا، شۇنىڭغا يارىشا (مۇكاپات ياكى جازا)غا ئېرىشىدۇ. ياكى بۇ رەنىگە قويۇلۇش پەقەت كاپىرغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز قىلمىشلىرىغا مەھبۇستۇر، يەنى قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن دوزاختا مەھكۇم ۋە مەھبۇس بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ئېيتقاندەك: ﴿ھەر ئىنسان ئۆز ئەمەلىنىڭ رەنىسىگە قويۇلغان بولىدۇ. پەقەت نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر (يەنى سائادەتمەن مۇئمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾. (سۈرە مۇددەسسىر 38-، 39-ئايەت)

وَأَمْدَدْنَٰهُم بِفَٰكِهَةٍ وَلَحْمٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ ﴿٢٢﴾ يَتَنَٰزَعُونَ فِيهَا كَأْسًا لَّا لَغْوٌ فِيهَا وَلَا تَأْثِيمٌ ﴿٢٣﴾ ۞ وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ غِلْمَانٌ لَّهُمْ كَأَنَّهُمْ لُؤْلُؤٌ مَّكْنُونٌ ﴿٢٤﴾ وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٢٥﴾ قَالُوٓا۟ إِنَّا كُنَّا قَبْلُ فِىٓ أَهْلِنَا مُشْفِقِينَ ﴿٢٦﴾ فَمَنَّ ٱللَّهُ عَلَيْنَا وَوَقَىٰنَا عَذَابَ ٱلسَّمُومِ ﴿٢٧﴾

*(ئۇلار ھۇزۇرلىنىۋاتقان نېمەتنىڭ ئۈستىگە) يەنە ئۇلارنى كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە گۆش بىلەن تەمىنلەيمىز① [22]. ئۇلار جەننەتتە*

***بىر ـ بىرىگە بىھۇدە سۆزلەتمەيدىغان ۋە گۇناھقا سەۋەب بولمايدىغان② (شاراب تولدۇرۇلغان) جاملارنى سۇنۇشىدۇ③ [23]. ئۇلارنىڭ سەدەپنىڭ ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك (كۆرۈنىدىغان چىرايلىق) ياش مۇلازىملىرى (خىزمەت قىلىش بىلەن) ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ④ [24]. (جەننەتتىكىلەر) بىر ـ بىرىگە قارشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ⑤ [25]. ئۇلار ئېيتىدۇ: «بىز ئىلگىرى (دۇنيادا) ئائىلىمىزدىكى چاغدا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقاتتۇق⑥ [26]. مانا ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى (تېنىمىزنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدىغان) قاتتىق ھارارەتلىك شامالنىڭ ئازابىدىن ساقلىدى⑦ [27].***

① ﴿اَمْدَدْنٰهُمْ﴾ "زِدْنَاهُمْ" يەنى كۆپ بېرىمىز، نېمەت ئۈستىگە نېمەت بېرىمىز.

② جەننەتنىڭ شارابىدا دۇنيادىكى شارابتەك باشنى قايدۇرىدىغان، كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان، قۇستۇرىدىغان ئىش بولمايدۇ، ئۇنى ئىچكەن كىشى قالايمىقان سۆزلىمەيدۇ، ئەقلىنى يوقاتمايدۇ، مەست بولۇپ، جىنايەت سادىر قىلىدىغان ئىش بولمايدۇ.

③ ﴿يَتَنَازَعُوْنَ﴾ «سۇنۇشىدۇ» "يَتَعَاطَوْنَ وَ يَتَنَاوَلُوْنَ" يەنى ئۇلار خۇشاللىق بىلەن بىر ـ بىرىگە جاملارنى سۇنۇشىدۇ. شاراب ياكى باشقا ئىچىملىك بىلەن تولدۇرۇلغان جام ﴿كَاْسًا﴾ دەپ ئاتىلىدۇ، خالىي قاچا ﴿كَاْسًا﴾ دەپ ئاتالمايدۇ.

④ يەنى جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ياش مۇلازىم ۋە كۈتكۈچىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار خىزمەتتە پايپېتەك بولۇپ، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇلار چىرايلىق، يېقىملىق، پاكىز، رەتلىك بولۇپ، قول تېگىپ پارقىراقلىقىغا دەخل يەتمىسۇن دەپ ئەينەكنىڭ ئىچىدە ساقلانغان مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ.

⑤ ئۇلار بىر ـ بىرىدىن دۇنيادا قانداق ھايات كەچۈرگەنلىكى ۋە ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ تەلپىنى قانداق ئورۇنلىغانلىقى توغرۇلۇق سورىشىدۇ.

⑥ يەنى بىز دۇنيادىكى چاغدا ئاخىرەتتىكى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقاتتۇق. شۇڭا، ئازابتىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ

ياشايتتۇق. چۈنكى، ئىنسان نېمىدىن قورقسا، شۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

⑦ ﴿سَمُوْمِ﴾ دوزاخنىڭ نامىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بەدەننىڭ تۆشۈكچىلىرىدىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يېتىدىغان، جىسىمغا زەھەردەك تەسىر قىلىدىغان قاتتىق ھارارەتلىك شامال دېگەن مەنىدە.

إِنَّا كُنَّا مِن قَبْلُ نَدْعُوهُ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْبَرُّ ٱلرَّحِيمُ ﴿٢٨﴾ فَذَكِّرْ فَمَآ
أَنتَ بِنِعْمَتِ رَبِّكَ بِكَاهِنٍ وَلَا مَجْنُونٍ ﴿٢٩﴾ أَمْ يَقُولُونَ شَاعِرٌ
نَّتَرَبَّصُ بِهِۦ رَيْبَ ٱلْمَنُونِ ﴿٣٠﴾ قُلْ تَرَبَّصُوا۟ فَإِنِّى مَعَكُم مِّنَ
ٱلْمُتَرَبِّصِينَ ﴿٣١﴾ أَمْ تَأْمُرُهُمْ أَحْلَـٰمُهُم بِهَـٰذَآ أَمْ هُمْ قَوْمٌ طَاغُونَ ﴿٣٢﴾
أَمْ يَقُولُونَ تَقَوَّلَهُۥ بَل لَّا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٣﴾

*چۈنكى بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى (دۇنيادا شۇ ئازابتىن پاناھ تىلەپ) ئاللاھقا دۇئا قىلاتتۇق①، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» [28]. (ئى پەيغەمبەر! سەن قۇرئان بىلەن قەۋمىڭگە) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن رەببىڭنىڭ نېمىتى (يەنى پەزلى ـ كەرىمى) بىلەن كاھىنمۇ ئەمەس ۋە مەجنۇنمۇ ئەمەسسەن② [29]. ئۇلار تېخى «ئۇ (مۇھەممەد بولسا) بىر شائىردۇر، بىز ئۇنىڭغا زامان ھادىسىلىرى (بولغان ئۆلۈم) كېلىشىنى كۈتىمىز» دەۋاتامدۇ؟③ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە (سىلەرگە چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتكۈچىلەردىنمەن (يەنى سىلەر ماڭا ئۆلۈم كېلىشىنى كۈتسەڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئۆلۈم كېلىشىنى كۈتىمەن)»④ [31 ـ 30]. ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق (سۆزنى) قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟⑤ (ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس) بەلكى، ئۇلار (كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر⑥ [32]. ياكى ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى توقۇپ چىقتى» دېيىشەمدۇ؟ (ئۇنداق ئەمەس) بەلكى ئۇلار (قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ⑦ [33].*

① يەنـى بـىـز دوزاخ ئازابىدىـن سـاقلىنىش ئۈچـۈن پەقـەت ئۇنىڭغـىلا ئىلتىجـا قىلاتتـۇق. يەنـە بـىـر مـەنىسـى، بـىـز پەقـەت شـۇ يەككـە-يېگانـە ئاللاھقـىلا ئىبـادەت قىلاتتـۇق، ئۇنىڭغـا ھېـچ نەرسـىنى شـېرىك قىلىۋالمايتتۇق.

② بـۇ ئايەتتـە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىۋاتىدۇكى، سـەن ۋەز-نەسـىھەت ۋە دەۋىتىڭنـى داۋاملاشتۇرىۋەرگىن، جاھىللارنىڭ سـەن توغرۇلـۇق ئېيتقانلىرىغا قـۇلاق سـالمىغىن، چۈنكـى سـەن ئاللاھنىڭ پەزلى بىلـەن (ئـۇلار ئېيتقانـدەك) كاھىنمـۇ ئەمـەس ۋە مەجنۇنمـۇ ئەمـەس. بەلكـى، سـاڭا بىـز تەرەپتىـن مۇقـەددەس ۋەھـيي كېلىـدۇ، بۇنـداق ۋەھـيي كاھىنغـا كەلمەيدۇ. سـەن كىشـىلەرگە بايـان قىلىۋاتقـان سـۆزلەر ئىبـرەت ۋە ئىلىمگـە تولغـان ھېكمەتلىـك سـۆزلەردۇر. بىـر مەجنۇنىنىـڭ بۇنـداق سـۆزلەرنى قىلالىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

③ ﴿رَيْبَ﴾ ھادىسـىلەر. ﴿الْمَنُونِ﴾ ئۆلۈمنىـڭ يەنـە بىـر نامـى. دېمـەك مەككـە مۇشـرىكلىرى: بىـز سـەۋرچانلىق بىلـەن ئۇنىڭغـا (مۇھەممەدكـە) زامـان ھادىسـىلىرى بولغـان ئۆلۈمنىـڭ كېلىشـىنى كۈتىمىـز، ئـۇ ئۆلـۈپ كەتسـە، ئۇنىـڭ دەۋىتـى كەلتۈرگـەن بىئارامىلىقتىـن بىراقـلا قۇتۇلىمىـز، دەيدۇ.

④ يەنـى ئۆلـۈم كىمگـە بالـدۇر كېلىـدۇ؟ كىمنىـڭ ئاقىۋىتـى ھالاكـەت بولىدۇ؟ بۇنى چوقۇم كۆرىسـىلەر.

⑤ يەنـى ئـۇلار سـەن توغرۇلـۇق يالغان-ياۋىـداق سـۆزلەر قىلىشـىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى شۇنداق غەلەت سۆزلەرنى قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟

⑥ ھەرگىـز ئۇنـداق ئەمـەس، ئـۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇمـراھ قەۋمدۇر. مانـا بـۇ گۇمراھلىـق ۋە ھەددىدىـن ئېشـىش ئۇلارنـى شـۇنداق ئاشـقۇن سۆزلەرنى قىلىشقا ئېلىپ بارغان.

⑦ يەنـى ئۇلارنـى «قۇرئـان مۇھەممـەد ئـۆزى توقـۇپ چىققـان كىتـاب» دەپ ئېغـۋا تارقىتىش ۋە تۆھمـەت قىلىشـىغا ئېلىـپ بارغـان نەرسـىمۇ ئۇلارنىـڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىدۇر.

فَلْيَأْتُوا۟ بِحَدِيثٍ مِّثْلِهِۦٓ إِن كَانُوا۟ صَٰدِقِينَ ﴿٣٤﴾ أَمْ خُلِقُوا۟ مِنْ غَيْرِ

شَيۡءٍ أَمۡ هُمُ ٱلۡخَٰلِقُونَ ﴿٣٥﴾ أَمۡ خَلَقُواْ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۚ بَل لَّا
يُوقِنُونَ ﴿٣٦﴾ أَمۡ عِندَهُمۡ خَزَآئِنُ رَبِّكَ أَمۡ هُمُ ٱلۡمُصَۜيۡطِرُونَ ﴿٣٧﴾ أَمۡ
لَهُمۡ سُلَّمٞ يَسۡتَمِعُونَ فِيهِۖ فَلۡيَأۡتِ مُسۡتَمِعُهُم بِسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ﴿٣٨﴾

***ئەگەر ئۇلار (سۆزىدە) راستچىل بولسا، (تۈزۈلۈشتە، گۈزەللىكتە، بايانىدا) قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى كەلتۈرۈپ باقسۇن① [34]. ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ② ياكى ئۇلار (ئۆزلىرى) ياراتقۇچىمۇ؟③ [35] ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ④ [36]. ياكى رەببىڭنىڭ خەزىنىلىرى ئۇلارنىڭ ئىلكىدىمۇ⑤ ياكى ئۇلار (شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) (كائىناتنى) مۇھاپىزەت قىلغۇچىمۇ؟⑥ [37] ياكى ئۇلارنىڭ سۆز تىڭشاش ئۈچۈن (ئاسمانغا چىقىدىغان) شوتىسى بارمۇ؟⑦ ئەگەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆز تىڭشىغۇچىسى ئوچۇق بىر پاكىت كەلتۈرسۇن [38].***

① يەنى ئەگەر ئۇلار قۇرئاننى مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم) ئۆزى توقۇپ چىقتى دېگەن سۆزلىرىدە راستچىل بولسا، نەزمىدە، پاساھەت ۋە بالاغەتتە، گۈزەل ئۇسلۇبتا، ھەقىقەتلەرنى ئىسپاتلاش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مۆجىزە خاراكتېرلىك بايانغا ئىگە بۇ قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتاب كەلتۈرۈپ باقسۇن!

② يەنى ئەگەر ئۇلار راستتىنلا ياراتقۇچىسىز يارىتىلغان بولسا، ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى بىر ئىشقا بۇيرۇش ياكى بىر ئىشتىن چەكلەش ھەققى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي، ئۇلارنى بىر ياراتقۇچى ياراتقان بولسا، ئېنىقكى، ياراتقۇچىنىڭ ئۇلارنى يارىتىشتا ئالاھىدە بىر مەقسىتى بولغان بولىدۇ، ئۇ زات ئۇلارنى يارىتىپ مۇنداقلا تاشلىۋەتمەيدۇ.

③ يەنى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچى ئەمەس. بەلكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

④ بەلكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قارىتا شەكلىنىش ئىچىدە ياشايدۇ.

⑤ يەنى رەببىڭنىڭ خەزىنىلىرى ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى خالىغان كىشىگە رىزىق بېرىپ، خالىغان كىشىدىن چەكلەپ قويامدۇ؟ ياكى خالىغان كىشىگە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلامدۇ؟

⑥ ﴿مُصَيْطِرٍ أَوْ مُسَيْطِرٌ﴾ دېگەن " سَطْرٌ "دىن چىققان سۆز بولۇپ، مۇھاپىزەت قىلىپ، بويسۇندۇرۇپ خاتىرىلىگۈچى دېگەن مەنىدە. چۈنكى، ئۇ بارلىق تەپسىلاتنى يازىدۇ ۋە خاتىرىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ مۇھاپىزەت قىلغۇچى، بويسۇندۇرغۇچى دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. يەنى، بۇلار ئاللاھنىڭ خەزىنىسى ياكى رەھمىتىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان باشقۇرغۇچى ۋە بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟

⑦ يەنى ياكى ئۇلارمۇ شۇتا ئارقىلىق ئاسمانغا چىقىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ياكى ئۆزلىرىگە كەلگەن ۋەھيىنى ئاڭلاپ كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلامدۇ؟

أَمْ لَهُ ٱلْبَنَـٰتُ وَلَكُمُ ٱلْبَنُونَ ﴿٣٩﴾ أَمْ تَسْـَٔلُهُمْ أَجْرًا فَهُم مِّن مَّغْرَمٍ
مُّثْقَلُونَ ﴿٤٠﴾ أَمْ عِندَهُمُ ٱلْغَيْبُ فَهُمْ يَكْتُبُونَ ﴿٤١﴾ أَمْ يُرِيدُونَ
كَيْدًا ۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ هُمُ ٱلْمَكِيدُونَ ﴿٤٢﴾ أَمْ لَهُمْ إِلَـٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ ۚ
سُبْحَـٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٤٣﴾ وَإِن يَرَوْا۟ كِسْفًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ سَاقِطًا
يَقُولُوا۟ سَحَابٌ مَّرْكُومٌ ﴿٤٤﴾ فَذَرْهُمْ حَتَّىٰ يُلَـٰقُوا۟ يَوْمَهُمُ ٱلَّذِى فِيهِ
يُصْعَقُونَ ﴿٤٥﴾ يَوْمَ لَا يُغْنِى عَنْهُمْ كَيْدُهُمْ شَيْـًٔا وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٤٦﴾
وَإِنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ عَذَابًا دُونَ ذَٰلِكَ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا
يَعْلَمُونَ ﴿٤٧﴾

*ياكى قىزلار ئاللاھنىڭ، ئوغۇللار سىلەرنىڭمۇ؟ [39] ياكى سەن ئۇلاردىن (دەۋىتىڭ ئۈچۈن) ھەق تەلەپ قىلىپ، قەرزدارچىلىقتىن ئۇلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىپتىمۇ؟ (يەنى شۇڭا ئىمان ئېيتمامدۇ؟)① [40] ياكى غەيبنىڭ ئىلمى ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلار (ئۇنى كۆچۈرۈپ كىشىلەرگە) يېزىپ بېرەمدۇ؟② [41] ياكى ئۇلار (پەيغەمبەرگە) بوھتان قۇرماقچى*

***بولۇۋاتامدۇ؟③ كاپىرلار تۇزاققا ئۆزلىرى چۈشىدۇ④ [42]. ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھى بارمىكەن؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر [43]. ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ (ئۆزلىرىگە ئازاب بولۇپ) چۈشۈۋاتقان بىر پارچىسىنى كۆرسە: «بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ⑤ [44]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى ھالاك قىلىنىدىغان (قىيامەت) كۈنىگە ئۇچراشقانغا قەدەر ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگىن [45]. ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ [46]. ئۇ زالىملارغا (بۇ دۇنيادا) بۇنىڭدىن باشقا ئازابمۇ بار⑥، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ⑦ [47].***

① يەنى ئۇ ھەقنى تۆلەش ئۇلارغا ئېغىر كەلگەنمۇ؟

② يەنى شۇ ئىلمى غەيب بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چوقۇم ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلار ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلەمدۇ؟

③ يەنى ئۇلار بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە تۇزاق قۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتامدۇ؟

④ يەنى ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرى ئۆزلىرىگە ياندۇ، پەقەت ئۆزلىرى زىيان تارتىدۇ. ﴿ھىيلە-مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ﴾. (سۈرە فاتىر 43-ئايەت) مەسىلەن: بەدىر غازىتىدا نۇرغۇن كاپىرلار ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ جايلاردا مەغلۇبىيەتكە ۋە خارلىققا دۇچار بولدى.

⑤ دېمەك مۇشرىكلار كۇفرى ۋە تەرسالىقىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ھەتتا كىبىرلىك يۈزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىنىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىپ، بۇ ئازاب ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكىدەك توپلىشىپ كېلىۋاتقان بۇلۇتتۇر، دەيدۇ.

⑥ يەنى دۇنيادىمۇ ئۇلارغا ئازاب بار. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى)نى تېتىتىمىز﴾. (سۈرە سەجدە 21-ئايەت)

⑦ يەنى دۇنيادىكى ئازاب ۋە كۈلپەتلەر ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تەرەپكە قايتىشى ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلمايدۇ، ھەتتا بەزىدە ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ گۇناھ قىلىپ كېتىدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كېسەل بولۇپ ساقايغان مۇناپىق خۇددى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن باغلىنىپ، نېمە ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان تۆگىگە ئوخشايدۇ». (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 3089- ھەدىس)

وَٱصۡبِرۡ لِحُكۡمِ رَبِّكَ فَإِنَّكَ بِأَعۡيُنِنَاۖ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ حِينَ تَقُومُ ﴿٤٨﴾ وَمِنَ ٱلَّيۡلِ فَسَبِّحۡهُ وَإِدۡبَٰرَ ٱلنُّجُومِ ﴿٤٩﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) سەن رەببىڭنىڭ (ئازابنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى) ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىسەن (يەنى ھىمايىمىزدىسەن)، ئورنۇڭدىن (يەنى ئۇيقۇدىن) تۇرغان① ۋاقتىڭدا رەببىڭنى مەدھىيىلەپ تەسبىھ ئېيتقىن [48]. كېچىنىڭ بىر قىسمىدىمۇ② ۋە يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنكى ۋاقىتتىمۇ③ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن [49].***

① بۇ يەردىكى «تۇرغان ۋاقتىڭدا» دېگەندىن قايسى تۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟ بەزى مۇپەسسىرلەر: نامازغا تۇرغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا نامازنىڭ بېشىدا تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ " سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ، وَبِحَمْدِكَ، وَتَبَارَكَ اسْمُكَ، وتَعَالَى جَدُّكَ،وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ " تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئىسمىڭ بەرىكەتلىكتۇر، ئۇلۇغلۇقۇڭ يۈكسەكتۇر، سەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر». بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇيقۇدىن تۇرغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ، شۇ ۋاقىتتىمۇ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ۋە تەسبىھ ئوقۇش سۈننەتتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر: ھەرقانداق بىر ئولتۇرۇشتىن تۇرغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەدىستە: كىمكى بىر ئولتۇرۇشتىن تۇرغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇسا، شۇ ئولتۇرۇشتا سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، دېيىلگەن: " سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ

أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ " تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن سېنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. سەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن، گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن». (سۇنەنى تىرمىزى 3433_ ھەدىس)

② بۇنىڭدىن كېچىدە ئوقۇلىدىغان تەھەججۇد نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈمۈر بويى داۋاملاشتۇرغان نامازدۇر.

③ يەنى كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا تەسبىھ ئېيتقىن، ئۇنىڭدىن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەپلە نامازلارغا قارىغاندا بۇ ئىككى رەكئەت سۈننەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرەتتى». (سەھىھۇل بۇخارى 1169_ ھەدىس) يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر». (سەھىھ مۇسلىم 725_ ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 416_ ھەدىس)

# سۈرە نەجم

| (٥٣) سورة النجم مكية ٦٢ آية | (53) سۈرە نەجم مەككىدە چۈشكەن 62 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلنَّجۡمِ إِذَا هَوَىٰ ١ مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمۡ وَمَا غَوَىٰ ٢ وَمَا
يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ ٣ إِنۡ هُوَ إِلَّا وَحۡيٞ يُوحَىٰ ٤ عَلَّمَهُۥ شَدِيدُ
ٱلۡقُوَىٰ ٥

***سارقىغان ۋاقىتتىكى يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [1]، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى② [2]. ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ [3]. ئۇ (نىڭ سۆزلەيدىغانلىرى) ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس③ [4]. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىل)④ تەلىم بەردى [5].***

★ بۇ كاپىرلار تۇپلاشقان ئومۇمىي يىغىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ تىلاۋەت قىلغان سۈرە ئىدى. بۇ سۈرىنى تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بارلىق كىشىلەر سەجدىگە باش قويدى. ئەمما، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف يەردىن

بىر سىقىم تۇپراق ئېلىپ، ئۇنى پېشانىسىگە تەككۈزۈپ قويدى، نەتىجىدە ئۇ كۇفرىلىق ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4863-ھەدىس) بەزى رىۋايەتتە ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئۇتبە ئىبنى رەبىئە دېيىلگەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ سۈرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا تىلاۋەت قىلغان ئىدىم، ئۇ سەجدە قىلمىدى». (سەھىھۇل بۇخارى 1073-ھەدىس) دېمەك سەجدە قىلىش مۇستەھەب، پەرز ئەمەس. ئەگەر بەزىدە تەرك ئېتىلسە، گۇناھ بولمايدۇ.

① بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «يۇلتۇزلار»دىن سۈرەييا يۇلتۇزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېسە، بەزىلەر زۆھرە يۇلتۇزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بەزىلەر ئۇنىڭدىن مۇتلەق يۇلتۇزلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ﴿هَوٰى﴾ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشمەك، سارقىماق يەنى يۇلتۇزلار كېچە ئاياغلىشىپ، بامدات ۋاقتى بولغاندا سارقىپ ئۆچىدۇ ياكى شەيتانلارنى ئۇرۇش ئۈچۈن سارقىپ چۈشىدۇ ياكى بەزىلەرنىڭ سۆزى بويىچە قىيامەت كۈنى سارقىپ چۈشىدۇ.

② بۇ جۈملە يۇقىرىدىكى قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. ﴿صَاحِبُكُمْ﴾ «سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار» دېيىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى تېخىمۇ ئۇچۇقلىدى. ئۇ پەيغەمبەرلىكتىن قىرىق يىل ئىلگىرى سىلەر بىلەن بىرگە ئاراڭلاردا ياشىدى، ئۇنىڭ كېچە-كۈندۈز قىلغان بارلىق ئىش-ئىزلىرىنى سىلەر بىلىسىلەر، ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە خاراكتېرىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. ئۇنىڭدا سەمىمىيلىك ۋە راستچىللىقتىن باشقا بىرەر يامان ئىش-ھەرىكەتنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئەمدى قىرىق يىلدىن كېيىن پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇنىڭ قانداقمۇ يالغىنى بولسۇن؟ ئوبدان ئويلىنىڭلار! ھەقىقەت شۇكى، ئۇ گۇمراھ بولمىدى، توغرا يولدىن ئاداشمىدى. گۇمراھلىق بولسا، نادانلىق ۋە بىلمەسلىكتىن بولىدۇ. يولدىن ئادىشىش بولسا، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر ئىككى خىل گۇمراھلىقتىن پاكلىقىنى بايان قىلدى.

③ ئۇ ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىدىن باشقا سۆزنى لەۋ يېرىپ ئېغىزىدىن چىقارمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ گۇمراھ بولسۇن ۋە قانداقمۇ

ئاداشسۇن؟ ھەتتا چاقچاق قىلغان ۋە قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلاردىمۇ، ئۇنىڭ تىلىدىن ھەق سۆزدىن باشقا نەرسە چىقمايدۇ. (سۇنەنى تىرمىزى 1990-ھەدىس) شۇنىڭدەك قاتتىق غەزەپلەنگەن چاغدىمۇ ھېسسىياتىنى شۇ قەدەر كونترول قىلىدۇكى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھېچبىر سۆز چىقىپ كەتمەيدۇ. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 3646-ھەدىس)

④ بۇنىڭدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ جىسمى ناھايىتى چوڭ ۋە كۈچلۈك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئېلىپ كېلىدىغان ۋە قۇرئاننى تەلىم بېرىدىغان پەرىشتىدۇر.

ذُو مِرَّةٍ فَٱسْتَوَىٰ ﴿٦﴾ وَهُوَ بِٱلْأُفُقِ ٱلْأَعْلَىٰ ﴿٧﴾ ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّىٰ ﴿٨﴾
فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَىٰ ﴿٩﴾ فَأَوْحَىٰٓ إِلَىٰ عَبْدِهِۦ مَآ أَوْحَىٰ ﴿١٠﴾ مَا
كَذَبَ ٱلْفُؤَادُ مَا رَأَىٰٓ ﴿١١﴾ أَفَتُمَٰرُونَهُۥ عَلَىٰ مَا يَرَىٰ ﴿١٢﴾ وَلَقَدْ رَءَاهُ
نَزْلَةً أُخْرَىٰ ﴿١٣﴾ عِندَ سِدْرَةِ ٱلْمُنتَهَىٰ ﴿١٤﴾ عِندَهَا جَنَّةُ ٱلْمَأْوَىٰٓ ﴿١٥﴾

*ئۇ (يەنى جىبرىل) كېلىشكەن (تۇرقى چىرايلىق يارىتىلغان) بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى① [6-7]. ئاندىن ئۇ ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ② (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ئارىلىق قالغۇچە يېقىنلاشتى③ [9]. ئاندىن ئاللاھ بەندىسى (مۇھەممەد) گە نازىل قىلىدىغان ۋەھيىنى (يەنى ئەمرىنى جىبرىل ئارقىلىق) نازىل قىلدى④ [10]. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى)⑤ [11]. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلىشامسىلەر؟ [12] شەكسىزكى، ئۇ (مۇھەممەد) جىبرىلنى ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا (ئۆز شەكلىدە) كۆردى⑥ [13-14]. سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدا جەننەتۇلمەئۋا بار⑦ [15].*

① يەنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى تەلىم بەرگەندىن كېيىن

يۇقىرى ئۇپۇقتا ئاللاھ يارىتقان شەكلىدە تۇردى.

② يەنى ئاندىن زېمىنغا چۈشتى ۋە ئاستا-ئاستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشتى.

③ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى ئىككى قولنىڭ ئارىلىقىدەك يېقىنلاشتى دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر-بىرىگە يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر دەۋا قىلغاندەك ئاللاھ تائالا بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئايەتنىڭ سىياقىدىن ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇكى، بۇ يەردە پەقەت جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلاشقانلىقى بايان قىلىنغان. دېمەك، مۇشۇنداق يېقىنلاشقان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىي ھالىتىدە كۆردى. بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىندى. ئىككىنچى قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىي ھالىتىدە مىراج كېچىسى كۆردى.

④ يەنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنى ياكى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى.

⑤ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئۆز شەكلىدە كۆرگەندە جىبرىلنىڭ **600** قانىتى بار ئىدى، ھەر ئىككى قاناتنىڭ ئارىلىقى مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپىدەك ئىدى، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلى ئىنكار قىلمىدى، بەلكى ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىگە باش ئەگدى.

⑥ بۇ ئايەت مىراج كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخىنىڭ يېنىدا ئەسلىي ھالىتىدە كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. «سىدرە» بىر خىل ئاكىسل دەرىخى بولۇپ، بىر ھەدىستە ئالتىنچى قەۋەت ئاسماندا، يەنە بىر ھەدىستە يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. «مۇنتەھا» ئاخىرقى چېكى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە نېمە بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق پەرىشتە چىقالمايدۇ. پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى مۇشۇ يەردىن تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

⑦ ﴿جَنَّةُ الْمَأْوٰى﴾ (تۇرار جاي) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇرغان جاي ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرى مۇشۇ جايغا جەملىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. (فەتھۇلقەدىر)

إِذۡ يَغۡشَى ٱلسِّدۡرَةَ مَا يَغۡشَىٰ ١٦ مَا زَاغَ ٱلۡبَصَرُ وَمَا طَغَىٰ ١٧ لَقَدۡ
رَأَىٰ مِنۡ ءَايَٰتِ رَبِّهِ ٱلۡكُبۡرَىٰٓ ١٨ أَفَرَءَيۡتُمُ ٱللَّٰتَ وَٱلۡعُزَّىٰ ١٩
وَمَنَوٰةَ ٱلثَّالِثَةَ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ ٢٠

***ئۇ چاغدا سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان ئىدى① [16]. (پەيغەمبەر)نىڭ كۆزى (ئۇ ـ سولغا) بۇرۇلۇپ كەتمىدى، (كۆرۈشكە بۇيرۇلغان شەيئىلەردىن) ئۆتۈپمۇ كەتمىدى② [17]. شۈبھىسىزكى، ئۇ رەببىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بۈيۈك ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆردى③ [18]. (ئى مۇشرىكلار!) ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! (سىلەر چوقۇنۇۋاتقان) لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان مانات (قاتارلىق بۇتلار ئاللاھ تائالادەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟ ئۇلار سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟)④ [19-20].***

① بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراج كېچىسى سىدرەتۇلمۇنتەھانى قانداق ھالەتتە كۆرگەنلىكى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇ چاغدا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ ئەتراپىنى ئالتۇن رەڭلىك كېپىنەكلەر ئورىۋالغان، پەرىشتىلەرمۇ ئورىۋالغان، ئۇلارنىڭ شولىسى ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان، يەنە ئۇنى ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ تەجەللىي نۇرى ئورىۋالغان ئىدى. دېمەك ئۇنى ئىلاھىي ئالامەتلەر، مۆجىزىلەر، بەرىكەتلەر ۋە ئاجايىباتلار ئورىۋالغان ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر قاتارلىق مەنبەلەردىن ئېلىندى) بۇ ماقامدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۈچ نەرسە بېرىلدى. ئۇلار: بەش ۋاقىت ناماز، سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى ۋە ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن مۇسۇلمانغا مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەدە ئىدى. (سەھىھ مۇسلىم

173ـ ھەدىس)

② يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى ئۇنىڭ ـ سولغا كېتىپ قالمىدى، نە ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن چەكتىن ئېشىپمۇ كەتمىدى. (ئەيسەر تەپاسىر)

③ بۇ كۆرگەن ئالامەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىي ھالىتىدە كۆرگەنلىكى، سىدرەتۇلمۇنتەھانى كۆرگەنلىكى يەنە مىراج ۋەقەسىدە تەپسىلاتى بايان قىلىنغان ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى كۆرگەنلىكى ئىدى.

④ بۇ ئايەتتە مۇشرىكلار ئەيىبلىنىۋاتىدۇ. مەزكۇر ئۇلۇغ سۈپەتلىك ئاللاھ، جىبرىلدەك كاتتا پەرىشتىنى ياراتقۇچىدۇر. مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم) ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر، ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانلارغا ئېلىپ چىقىپ، بۈيۈك ئالامەتلەرنى كۆرسەتتى. يەنە ئۇنىڭغا ۋەھيىمۇ نازىل قىلدى. ئى مۇشرىكلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردا بۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەر بارمۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە تىمىغا مۇناسىۋەتلىك ئەرەبلەردە مەشھۇر بولغان ئۈچ بۇتنىڭ نامى مىسال سۈپىتىدە كەلتۈرۈلدى. مۇپەسسىرلەردىن ئىبنى جەرىرنىڭ قارىشىچە «لات» دېگەن ئىسىم ئاللاھ دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە «لَاتَ يَلِيتُ» دېگەن پېئىلدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، بۇرۇلۇش دېگەن مەنىدە. چوقۇنغۇچى بويىنىنى بۇت تەرەپكە بۇراتتى ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ نامى «لات» دەپ ئاتالغان. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە «لَاتَ «دىكى "ت" قوش ھەرپ بولۇپ، «لَتَّ يلتُّ» (يانجىدى، سوقتى، تالقانلىدى) دېگەن پېئىلدىن چىققان ئىنىق سۈپەتداش بولۇپ، ئەسلىدە بۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىر سالىھ كىشىنىڭ ئىسمى ئىدى، ئۇ كىشى تالقان پۇشۇرۇپ، ھاجىلارغا بېرەتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئادەملەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئىبادەتگاھ، ئۇنىڭ ھەيكىلىنى چوقۇنىدىغان بۇت قىلىۋالدى. بۇ تائىفتىكى سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەڭ چوڭ بۇتى ئىدى. ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇززا» دېگەن ئىسىممۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەزىز دېگەن ئىسىم سۈپىتىدىن ئېلىنغان. بۇ «أَعَزُّ»نىڭ چىشى جىنس شەكلى بولۇپ، ئەزىزە مەنىسىدە. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئۇ غەتفاندىكى بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا چوقۇناتتى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئۇ بەزى دەرەخلەردە كۆرۈلىدىغان شەيتانچاقلار

ئىدى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئۇ ئاق تاشتىن ياسالغان بۇت بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت قۇرەيشلەر ۋە بەنۇ كەنانەلىكلەرلا چوقۇناتتى. «مانات» «مَنَىٰ يَمْنِى »دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، ئېقىتىش مەنىسىدە. كىشىلەر ئۇ بۇتقا يېقىنلىق هاسىل قىلىش ئۈچۈن چارۋا-ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بوغۇزلاپ، قان ئېقىتاتتى. ئۇ مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر بۇت ئىدى. (فەتهۇلقەدىر) ئۇ بۇت قەدىد دېگەن جاينىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان مۇشەللىل دېگەن جايدا بولۇپ، خۇزائە قەبىلىسىگە خاس بۇت ئىدى. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەۋس، خەزرەج قەبىلىلىرى شۇ يەردىن ئېهرام باغلايتتى ۋە ئۇ بۇتنى تاۋاپ قىلاتتى. (ئەيسەر تەپاسىر ۋە ئىبنى كەسىر) ئەرەب دىيارلىرىدا بۇ ئۈچ بۇتتىن باشقا يەنە نۇرغۇن بۇتخانا ۋە بۇتلار بار ئىدى. مەككە پەتهى قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بارلىق بۇتلارنى ۋە بۇت جايلاشقان ماكانلارنى كۆزدىن يوق قىلدى. بۇتلار ئۈچۈن ياسالغان گۈمبەز ۋە بىنالارنى چاقتۇردى، كىشىلەر ئۇلۇغلايدىغان دەرەخلەرنى كەستۇردى، بۇتپەرەسلەرنىڭ بارلىق يادىكارلىقلىرى، ئالامەت ۋە ئىزنالىرىنى يوقاتتى. بۇ ئىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئەمر ئىبنى ئاس ۋە جەرىر ئىبنى ئابدۇللا بەجەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇم قاتارلىق ساهابىلەرنى هەر قايسى جايلارغا ئەۋەتتى، ئۇلار ئەرەب زېمىنىدىن شېرىكنىڭ نام-نىشان ۋە ئىزنالىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) شۇنىڭدىن ئون نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەب قەبىلىلىرىدە شېرىك ۋە بىدئەتلەر قايتىدىن ئومۇملىشىپ كەتتى. ئاللاھ تائالا دەۋەتچى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەههابنى مەزكۇر شېرىك ۋە بىدئەتلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. ئۇ دىرئىيەنىڭ هاكىمى بىلەن بىرلىشىپ، كۈچ-قۇۋۋەت ئارقىلىق شېرىك ۋە بىدئەتنىڭ ئالامەتلىرىنى يوقاتتى. بۇ يېڭى ئۇسلۇبتىكى دەۋەتنى يەنە نەجد ۋە هىجازنىڭ ۋالىسى سۇلتان ئابدۇلئەزىز (هازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاهىنىڭ ئاتىسى ۋە مەملىكەتنىڭ قۇرغۇچىسى) قوللاپ قۇۋۋەتلىدى ۋە بارلىق قوپۇرۇلغان قەبرە ۋە مازارلارنى چېقىپ تاشلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئومۇملاشتۇردى. ئاللاهقا هەمدىلەر بولسۇنكى، هازىر پۈتۈن سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئىسلام ئەهكاملىرى بويىچە يول تۇتقانلىقتىن هېچقانداق بىر ياسالغان قەبرە ۋە مازارلىق مەۋجۇت ئەمەس.

أَلَكُمُ ٱلذَّكَرُ وَلَهُ ٱلْأُنثَىٰ ﴿٢١﴾ تِلْكَ إِذًا قِسْمَةٌ ضِيزَىٰٓ ﴿٢٢﴾ إِنْ هِىَ إِلَّآ
أَسْمَآءٌ سَمَّيْتُمُوهَآ أَنتُمْ وَءَابَآؤُكُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلْطَٰنٍ
إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَمَا تَهْوَى ٱلْأَنفُسُ ۖ وَلَقَدْ جَآءَهُم مِّن
رَّبِّهِمُ ٱلْهُدَىٰٓ ﴿٢٣﴾

***(ئى مۇشرىكلار جامائەسى! سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا ئاللاھقا خاسمۇ؟① [21] ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر② [22]. بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئاللاھ ئۇ نەرسىلەر (نىڭ ئىلاھلىقى) توغرۇلۇق ھېچبىر دەلىل - پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇ مۇشرىكلارغا رەببى تەرىپىدىن ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ [23].***

① مەككە مۇشرىكلىرى پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ قارايتتى، بۇ يەردە ئۇلارغا رەددىيە بېرىلدى. بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە جايدا بايان قىلىنىدى.

② ﴿ضِيزَىٰ﴾ ئادالەتسىز، ھەقتىن بۇرۇلغان تەقسىماتتۇر.

أَمْ لِلْإِنسَٰنِ مَا تَمَنَّىٰ ﴿٢٤﴾ فَلِلَّهِ ٱلْءَاخِرَةُ وَٱلْأُولَىٰ ﴿٢٥﴾ ۞ وَكَم مِّن
مَّلَكٍ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ لَا تُغْنِى شَفَٰعَتُهُمْ شَيْـًٔا إِلَّا مِنۢ بَعْدِ أَن يَأْذَنَ
ٱللَّهُ لِمَن يَشَآءُ وَيَرْضَىٰٓ ﴿٢٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْءَاخِرَةِ لَيُسَمُّونَ
ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ تَسْمِيَةَ ٱلْأُنثَىٰ ﴿٢٧﴾ وَمَا لَهُم بِهِۦ مِنْ عِلْمٍ ۖ إِن يَتَّبِعُونَ
إِلَّا ٱلظَّنَّ ۖ وَإِنَّ ٱلظَّنَّ لَا يُغْنِى مِنَ ٱلْحَقِّ شَيْـًٔا ﴿٢٨﴾ فَأَعْرِضْ عَن مَّن
تَوَلَّىٰ عَن ذِكْرِنَا وَلَمْ يُرِدْ إِلَّا ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا ﴿٢٩﴾ ذَٰلِكَ مَبْلَغُهُم مِّنَ

ٱلۡعِلۡمِۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ أَعۡلَمُ
بِمَنِ ٱهۡتَدَىٰ ٣٠

***ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ① [24]. ئاخىرەت ۋە دۇنيا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ)② [25]. ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە (شاپائەت قىلىشقا) رۇخسەت قىلغاندىن كېيىنلا (ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ)③ [26]. شەكسىزكى، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلار پەرىشتىلەرنى (ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ) چىشى جىنس نامى بىلەن ئاتايدۇ [27]. ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت پەرەزگىلا ئاساسلىنىدۇ، پەرەز ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچنېمىگە يارىمايدۇ [28]. (ئى پەيغەمبەر!) بىزنىڭ زىكرىمىز (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەر بىلەن كارىڭ بولمىسۇن [29]. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچىلىك. شەكسىزكى، رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ [30].***

① يەنى ئىنسان بۇتلاردىن ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ۋە شاپائەت قىلىشنى ھەر قانچە ئارزۇ قىلسىمۇ، مۇمكىن بولمايدۇ.

② يەنى پەقەت ئاللاھ خالىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، خالىمىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. چۈنكى، بارلىق ھوقۇق ۋە ئىقتىدار ئاللاھنىڭ ئىلكىدە.

③ يەنى پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن مەخلۇق تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا بىرىلگەن شاپائەت قىلىش ھوقۇقى پەقەت ئاللاھ ياقتۇرغان ۋە رۇخسەت قىلغان كىشىلەرگىلا ئىشلەيدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ھالى بۇ تۇرسا، تاشتىن ياسالغان بۇتلار قانداقمۇ شاپائەت قىلالىسۇن؟ سىلەر ئۇلاردىن ياردەم كۈتۈپ ئولتۇرامسىلەر؟ شېرىك ئاللاھ ئەپۇ قىلمايدىغان

چوڭ گۇناھ تۇرسا، مۇشرىكلارنى شاپائەت قىلىشقا قانداقمۇ رۇخسەت قىلسۇن؟

وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ بِمَا عَمِلُواْ وَيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ بِٱلۡحُسۡنَى ٣١ ٱلَّذِينَ يَجۡتَنِبُونَ كَبَٰٓئِرَ ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡفَوَٰحِشَ إِلَّا ٱللَّمَمَۚ

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، (ئاللاھ بۇلارنى) يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالاش، (تائەت ـ ئىبادەتلەرنى) مۇكەممەل قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن تارتۇقلاش ئۈچۈن (ياراتتى)① [31]. ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەردۇر② ، كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا③ ،***

① يەنى جۇملىدىن ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ ياخشىغا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانغا قىلمىشىنىڭ جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن، خالىغان ئادەمگە ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى گۇمراھلىقتا قالدۇرىدۇ. چۈنكى، ﴿رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ﴾ بۇ يەردىكى «جازالاش»نى يۇقىرىدىكى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئالغاندا مۇشۇنداق ئۇقۇم چىقىدۇ ۋە ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر﴾ دېگەن ئىبارە قىستۇرما جۈملە بولۇپ كەلگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى ياخشىغا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانغا قىلمىشىنىڭ جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن ياراتتى، دېگەن بولىدۇ. (تەپسىر ئەلۋەسىت تەنتاۋى)

② ﴿كَبَٰٓئِرَ﴾ «كَبِيْرَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، گۇناھى كەبىرە يەنى چوڭ گۇناھنى كۆرسىتىدۇ. گۇناھى كەبىرەنى تونۇشتۇرۇشتا ئۆلىمالار ئارىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە دوزاخ ۋەدە قىلىنغان ھەر قانداق گۇناھ «كەبىرە» قاتارىغا

كىرىدۇ. ياكى سادىر قىلغۇچىسى قۇرئان ۋە ھەدىستە قاتتىق ئەيىبلەنگەن گۇناھ «كەبىرە» ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار يەنە مۇنداق قارايدۇ: كىچىك گۇناھلارنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشمۇ گۇناھى كەبىرە جۈملىسىدىن بولىدۇ. ئۆلىمالار گۇناھى كەبىرەنىڭ مەنىسى ۋە ماھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ۋە ئۇنىڭ سانىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزى ئۆلىمالار چوڭ گۇناھلارنى توپلاپ كىتابلارنى يازغان. مەسىلەن: ئىمام زەھەبىينىڭ «چوڭ گۇناھلار» دېگەن كىتابىدا يەتمىش چوڭ گۇناھ تىلغا ئېلىنغان. ئىبنى ھەجەرنىڭ «چوڭ گۇناھلاردىن چەكلىمە» دېگەن كىتابىدا 470 تىن ئارتۇق چوڭ گۇناھ كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ﴿فَوَاحِشَ﴾ «فَاحِشَةٌ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ھاياسىزلىقا ياتىدىغان گۇناھلارنى، مەسىلەن: زىنا، بەچچىۋازلىق دېگەندەك قەبىھ قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، شەرىئەتتە جازا بەلگىلەنگەن گۇناھلارنىڭ ھەممىسى ﴿ فَوَاحِشَ﴾ قەبىھ قىلمىشلار قاتارىغا كىرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە قەبىھ قىلمىشنىڭ تۈرى ۋە شەكلى كۆپ بولۇپ كەتتى، ھاياسىزلىق «مەدەنىيلىك» دەپ چۈشىنىلىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا بىر قىسىم مۇسۇلمانلارمۇ «ھاياسىز مەدەنىيەت»نى ئۆزلەشتۈردى. مەسىلەن: ئۆيلەردە بۇزۇقچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان فىلىملەر ئۈزلۈكسىز قويۇلىدىغان بولدى، ئاياللار ھىجابنى تەرك ئېتىپ قالماستىن يەنە ھۆسنجامالىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن سىرتقا ياسىنىپ چىقىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى. قىز-ئوغۇللارنىڭ بىر سىنىپتا ئوقۇشى، ئەر-ئاياللارنىڭ بىر ئىشخانىدا ئىشلىشى، بىر سورۇندا ئولتۇرۇشى، ھەر قايسى ئاممىۋى ئورۇنلاردا بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئورۇنسىز پاراڭ-چاقچاقلارنى قىلىشى قاتارلىقلارمۇ «قەبىھ ئىشلار» قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ ئايەتتە دېيىلىۋاتىدۇكى، گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدىغانلار چوڭ گۇناھ ۋە قەبىھ ئىشلارنى سادىر قىلغانلار ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ئۆزىنى ساقلىغانلاردۇر.

③ ﴿ اللَّمَمَ﴾ ئاز، كىچىك، بىر ئاز دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «أَلَمَّ بِالْمَكَانِ» بۇ ماكاندا بىر ئاز تۇردى. «أَلَمَّ بِالطَّعَامِ» ئازراق تائام يېدى. شۇنىڭدەك بىر نەرسىنى سىلاپ قويماق ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشماق ياكى بىر ئىشنى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم قىلىپ قويۇپ، داۋاملاشتۇرماسلىق ياكى بىر ئىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈش، خىيال قىلىش قاتارلىقلار ﴿اللَّمَمَ﴾نىڭ مەنىسىگە كىرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بۇ سۆز ئوقۇم ۋە قوللىنىش نۇقتىسىدىن گۇناھى

سەغىرە-كىچىك گۇناھ مەنىسىگە كىرىدۇ. خۇلاسە كالام، قايسىبىر چوڭ گۇناھنىڭ مۇقەددىمىسىنى سادىر قىلغاندا، ئۇنىڭدىن دەرھال ئۆزىنى تارتىش ياكى قايسىبىر گۇناھنى بىر-ئىككى قېتىم سادىر قىلىپ، ئاندىن ئۇنى مەڭگۈلۈك تاشلاش ياكى قايسىبىر گۇناھنى قىلىشنى خىيال قىلىش، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىقلارنىڭ ھەممىسى كىچىك گۇناھلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئاللاھ بۇنداق گۇناھلارنى بەندە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

إِنَّ رَبَّكَ وَٰسِعُ ٱلۡمَغۡفِرَةِۚ هُوَ أَعۡلَمُ بِكُمۡ إِذۡ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ
وَإِذۡ أَنتُمۡ أَجِنَّةٞ فِي بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمۡۖ فَلَا تُزَكُّوٓاْ أَنفُسَكُمۡۖ هُوَ أَعۡلَمُ
بِمَنِ ٱتَّقَىٰٓ ﴿٣٢﴾ أَفَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي تَوَلَّىٰ ﴿٣٣﴾ وَأَعۡطَىٰ قَلِيلٗا وَأَكۡدَىٰٓ ﴿٣٤﴾
أَعِندَهُۥ عِلۡمُ ٱلۡغَيۡبِ فَهُوَ يَرَىٰٓ ﴿٣٥﴾ أَمۡ لَمۡ يُنَبَّأۡ بِمَا فِي صُحُفِ
مُوسَىٰ ﴿٣٦﴾ وَإِبۡرَٰهِيمَ ٱلَّذِي وَفَّىٰٓ ﴿٣٧﴾ أَلَّا تَزِرُ وَازِرَةٞ وِزۡرَ أُخۡرَىٰ ﴿٣٨﴾ وَأَن
لَّيۡسَ لِلۡإِنسَٰنِ إِلَّا مَا سَعَىٰ ﴿٣٩﴾

***شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ مەغپىرىتى ناھايىتى كەڭ زاتتۇر. ئۇ سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى ۋاقىتلاردىمۇ، سىلەر ئانىلىرىڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى ھامىلىلەر① ۋاقىتلاردىمۇ سىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاقلىماڭلار② . ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ [32]. (ئى پەيغەمبەر! ئىماندىن ئېتىشتىن) باش تارتقان ۋە (بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان نەرسىدىن) ئازغىنە بىر نەرسە بېرىپ، قالغىنىنى بەرمىگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟③ [34 ـ 33]. ئۇنىڭدا غەيب ئىلمى بولۇپ، ئۇ (ھەممىنى) كۆرۈپ تۇرامدۇ؟④ [35] ئۇ مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدىكى ۋە (مەسئۇلىيىتىنى) تولۇق ئادا قىلغان ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى (تۆۋەندىكى سۆز) لەردىن خەۋەردار بولمىدىمۇ: [36 ـ 35] «بىر گۇناھكار ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ (يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ) [38]. ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ⑤ [39].***

① ﴿اَجِنَّةٌ﴾ «ھامىلىلەر» «جَنِينٌ» (ھامىلە)نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قورساقتىكى تۆرەلمىنى كۆرسىتىدۇ. قورساقنىڭ ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن «جَنِينٌ» (كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسە) دەپ ئاتالغان.

② يەنى سىلەرنىڭ ھەرقانداق ئەھۋاللىرىڭلار ۋە ھەرىكەتلىرىڭلار ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەس، ھەتتا سىلەرنى ھېچكىم كۆرەلمەيدىغان ئانىڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى چاغدىمۇ ئەھۋاللىرىڭلاردىن خەۋەردار تۇرسا، يەنە ئۆزۈڭلارنى ئاقلاپ، نۇقسانلاردىن پاك دەپ دەۋا قىلىشىڭلارنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ دېمەك، رىياكارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنداق قىلماڭلار.

③ يەنى ئازغىنە بېرىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇزۇپ قويغان ياكى ئازراقلا بويسۇنۇپ قويۇپ، ئاندىن يېنىۋالغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ﴿اَكْدٰى﴾نىڭ ئەسلىي مەنىسى، ئەگەر بىر ئادەم قۇدۇق كولاۋاتقاندا، يوغان بىر تاش كولاشقا توسالغۇ بولۇپ قالسا، ئۇ: «ئەمدى كولاش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئىشنى تاشلىغان بولسا، بۇنىڭغا ﴿اَكْدٰى﴾ ئىشنى يېرىم يولدا تاشلىدى، دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ سۆز بىر كىشىگە بىر نەرسە بېرىشكە باشلاپ، ئاندىن ئۇنى توختىتىپ قويغان، بىر ئىشنى باشلاپ، ئاخىرىغا چىقارماي تاشلاپ قويغان كىشى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

④ يەنى ئۇ ئاللاھ يولىدا پۇل سەرپ قىلسا، قولىدىكى پۇلنىڭ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرامدۇ؟ ياق، ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭدا بۇنداق غەيبنى بىلىدىغان ئىلىم يوق. بەلكى، ئۇ پەقەتلا بېخىللىقىدىن، دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكىدىن ئاللاھ يولىدا پۇل سەرپ قىلىشتىن باش تارتىدۇ، ئۇنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىغانلىقىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

⑤ يەنى ھېچكىم باشقا بىر كىشىنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار بولمىغاندەك، ئاخىرەتتىكى ئەجىر-ساۋابمۇ ئىنساننىڭ ئۆز مېھنىتى بىلەن قىلغان ئەمەللىرىگە ئاساسەن بېرىلىدۇ. بۇ يەردىكى دۇنيادىكى نەتىجە بىلەن ئەمەس، ئاخىرەتتىكى نەتىجە بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنە ئىنسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاتاپ قىلىنغان دۇئا، سەدىقە ۋە باشقا خەيرلىك ئىشلارنىڭ ساۋابىمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا بارلىق ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. بۇ ئىشلاردا

ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرەپتىن كەلگەن نەقلىي دەلىل بار. «ئىنسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەمەلى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ ئەمەلنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ» دېگەن ھەدىستىكى ئۈچ ئەمەلمۇ ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئۆزى قىلىپ قالدۇرغان ۋە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قايىسىبىر شەكىلدە داۋاملاشقان ئەمەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ ئۆز ئەمگىكىدىن يېگەن رىزقى ئەڭ پاكتۇر. پەرزەنت ئىنساننىڭ ئۆز ئەمگىكىدىندۇر». (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 3528-ھەدىس) سەدىقە جارىيە يەنى ساۋابى ئۈزۈلمەيدىغان سەدىقە ئاللاھ يولىدا ۋەقفە قىلىنغان نەرسىلەرگە ئوخشاش ئىنساننىڭ ئۆزى قالدۇرغان ئەمەلىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئەلۈەتتە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى قىلغان ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن (ياخشى - يامان) ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىمىز﴾. (سۈرە ياسىن 12-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بىر ئادەم ئىلىمنى نەشىر قىلىپ قالدۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولسا، بۇمۇ ئۇنىڭ ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەرنى ھىدايەتكە چاقىرسا، ئۇ كىشىگە ھىدايەتكە ئەگەشكەن كىشىلەر ئېرىشكەن ئەجىردەك ئەجىر بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ». (سۈنەنى ئەبى داۋۇد 4609-ھەدىس) دېمەك ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ساۋابىمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ھەدىس ئايەتكە زىت كەلمەيدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَأَنَّ سَعۡيَهُۥ سَوۡفَ يُرَىٰ ﴿٤٠﴾ ثُمَّ يُجۡزَىٰهُ ٱلۡجَزَآءَ ٱلۡأَوۡفَىٰ ﴿٤١﴾ وَأَنَّ إِلَىٰ رَبِّكَ ٱلۡمُنتَهَىٰ ﴿٤٢﴾ وَأَنَّهُۥ هُوَ أَضۡحَكَ وَأَبۡكَىٰ ﴿٤٣﴾ وَأَنَّهُۥ هُوَ أَمَاتَ وَأَحۡيَا ﴿٤٤﴾ وَأَنَّهُۥ خَلَقَ ٱلزَّوۡجَيۡنِ ٱلذَّكَرَ وَٱلۡأُنثَىٰ ﴿٤٥﴾ مِن نُّطۡفَةٍ إِذَا تُمۡنَىٰ ﴿٤٦﴾ وَأَنَّ عَلَيۡهِ ٱلنَّشۡأَةَ ٱلۡأُخۡرَىٰ ﴿٤٧﴾ وَأَنَّهُۥ هُوَ أَغۡنَىٰ وَأَقۡنَىٰ ﴿٤٨﴾

*شەكسىزكى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەللىرى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا تونۇلىدۇ)① [40].*

*ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات ياكى تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ [41]. ئاخىر بارىدىغان جاي رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر» [42]. شەكسىزكى، (ئىنساننى) كۈلدۈرىدىغانمۇ ۋە يىغلىتىدىغانمۇ شۇ ئاللاھتۇر [43]. شەكسىزكى، ئۆلتۈرىدىغانمۇ ۋە تىرىلدۈرىدىغانمۇ شۇ ئاللاھتۇر [44]. شەكسىزكى، بىر جۈپنى ــ ئەركەك بىلەن چىشىنى (بالىياتقۇغا) تۆكۈلگەن مەنىيدىن ياراتقانمۇ شۇ ئاللاھتۇر [45 ـ 46]. (ھېساب ئۈچۈن) ئىككىنچى قېتىم يارىتىشنىمۇ ئاللاھ ئۈستىگە ئالغاندۇر [47]. شەكسىزكى، (ئىنساننى) باي قىلىدىغانمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) سەرمايە بېرىدىغانمۇ شۇ ئاللاھتۇر② [48].*

① يەنى ئۇ دۇنيادا ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن نېمىنى قىلغان بولسۇن، مەخپىي قىلغان بولسۇن ياكى ئاشكارا قىلغان بولسۇن، قىيامەت كۈنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ، شۇ قىلغان ئىشىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ.

② ئاللاھ تائالا بىر ئىنسانغا شۇ قەدەر كۆپ بايلىق ئاتا قىلىدۇكى، ئۇ ھېچكىمگە موھتاج بولمايدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئېھتىياجى شۇنىڭ بىلەن تولۇقلىنىدۇ. يەنە بىر ئىنسانغا كۆپ سەرمايە ۋە مال ـ مۈلۈك بېرىپ مەمنۇن قىلىدۇكى، بۇ مال ـ مۈلۈك ئۇنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ، ئۇ مال ـ مۈلۈكنى توپلاپ ساقلايدۇ.

وَأَنَّهُۥ هُوَ رَبُّ ٱلشِّعۡرَىٰ ﴿٤٩﴾ وَأَنَّهُۥٓ أَهۡلَكَ عَادًا ٱلۡأُولَىٰ ﴿٥٠﴾ وَثَمُودَاْ
فَمَآ أَبۡقَىٰ ﴿٥١﴾ وَقَوۡمَ نُوحٖ مِّن قَبۡلُۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ هُمۡ أَظۡلَمَ وَأَطۡغَىٰ ﴿٥٢﴾
وَٱلۡمُؤۡتَفِكَةَ أَهۡوَىٰ ﴿٥٣﴾ فَغَشَّىٰهَا مَا غَشَّىٰ ﴿٥٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكَ
تَتَمَارَىٰ ﴿٥٥﴾ هَٰذَا نَذِيرٞ مِّنَ ٱلنُّذُرِ ٱلۡأُولَىٰٓ ﴿٥٦﴾ أَزِفَتِ ٱلۡأٓزِفَةُ ﴿٥٧﴾
لَيۡسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ كَاشِفَةٌ ﴿٥٨﴾ أَفَمِنۡ هَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ تَعۡجَبُونَ ﴿٥٩﴾
وَتَضۡحَكُونَ وَلَا تَبۡكُونَ ﴿٦٠﴾ وَأَنتُمۡ سَٰمِدُونَ ﴿٦١﴾ فَٱسۡجُدُواْۤ لِلَّهِۤ
وَٱعۡبُدُواْ۩ ﴿٦٢﴾

**شەكسىزكى، ئاللاھ شىئرا يۇلتۇزىنىڭمۇ رەببىدۇر① [49]. قەدىمكى ئاد قەۋمىنىمۇ②، سەمۇد قەۋمىنىمۇ ھالاك قىلغان، (ئۇلاردىن بىرىنىمۇ) قويمىغان شۇ ئاللاھتۇر [50 ـ 51]. ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمىنىمۇ (ئاللاھ ھالاك قىلغان ئىدى). شەكسىزكى، ئۇلار تېخىمۇ زالىم، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقۇچى ئىدى [52]. لۇت قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتكەنمۇ شۇ ئاللاھتۇر③، ئۇ شەھەرنى (دەھشەتلىك تاشلار) قاپلىۋالدى④ [53 ـ 54]. (ئى ئىنسان!) رەببىڭنىڭ قايسىبىر نېمىتى توغرۇلۇق جېدەللىشىسەن؟⑤ [55] بۇ (مۇھەممەد) ئىلگىرىكى ئاگاھلاندۇرغۇچىلار قاتارىدىكى بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر [56]. قىيامەت يېقىنلاشتى [57]. ئۇنى (ئۇنىڭ بولىدىغان ۋاقتىنى) ئاللاھتىن باشقا ئاشكارىلىغۇچى (يەنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلگۈچى ياكى ئۇنىڭ ئازابىنى توسۇپ قالغۇچى) يوقتۇر [58]. (ئى ئىنكارچىلار!) ئەمدى سىلەر بۇ سۆز (قۇرئان)دىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟⑥ [59]. (ئۇنى ئاڭلىغان چاغدا) كۈلۈۋاتامسىلەر؟ يىغلىمامسىلەر؟ [60]. سىلەر (غەپلەتتە) ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلىپ كەتكۈچىسىلەر [61]. (كېلىڭلار، ئەمدى) ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىلىڭلار⑦ [62].**

① ئاللاھ بولسا، ھەممىنىڭ رەببىدۇر. بۇ يەردە بۇ يۇلتۇزنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ، ﴿شىئرا يۇلتۇزىنىڭ رەببىدۇر﴾ دەپ كەلتۈرۈلدى. سەۋەبى شۇكى، بىر قىسىم ئەرەب قەبىلىلىرى ئۇ يۇلتۇزغا چوقۇناتتى.

② بۇ يەردە ئاد قەۋمى «قەدىمكى ئاد قەۋمى» دېيىلدى. سەۋەبى شۇكى، بۇلار سەمۇد قەۋمىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاد قەۋمى ئىدى ياكى نۇھ قەۋمىدىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ ھالاك قىلىنغان قەۋم مۇشۇ ئاد قەۋمى ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاد ئىسىملىك ئىككى قەۋم ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىنغان بىرىنچى ئاد قەۋمى ئىدى. ئىككىنچى ئاد قەۋمى زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ھەر خىل نام بىلەن تارقاق شەكىلدە ياشاپ ئۆتكەن ئىدى.

③ بۇنىڭدىن شەھەرلىرى ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ يەنى شەھەرلىرى دۇم كۆمتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئارقا-ئارقىدىن بەلگە سېلىنغان تاشلارنى ياغدۇردى.

⑤ يەنە بىر مەنىسى، رەببىڭنىڭ قايسىبىر نېمىتىدىن شەكلىنىسەن ۋە قايسىبىر نېمىتىنى ئىنكار قىلىسەن؟ ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ نېمەتلىرى شۇ قەدەر ئاشكارا ۋە كۆپتۇركى، ئۇلارنى يوشۇرۇش ۋە ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

⑥ «بۇ سۆز» قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ. يەنى سىلەر ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنەمسىلەر، ئۇنى مەسخىرە قىلامسىلەر؟ ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدا ئەجەبلەنگىدەك ۋە مەسخىرە قىلىپ، ئىنكار قىلغۇدەك ھېچنەرسە يوق.

⑦ بۇ يەردە مۇشرىكلار ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارغا كايىش يۈزىسىدىن مۇسۇلمانلار سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى. يەنى مۇشرىكلار قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئۇنى مەسخىرە قىلغان ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھقا بويسۇنغانلىقىڭلارنى ۋە قۇرئاننى ھۆرمەت قىلغانلىقىڭلارنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن سەجدىگە باش قويۇڭلار. (فەتھۇلقەدىر) نەتىجىدە بۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال سەجدىگە باش قويدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ساھابىلەرمۇ، ھەتتا شۇ سورۇندا بار كاپىرلارمۇ سەجدىگە باش قويدى. بۇ ۋەقە ھەدىسلەردە بايان قىلىندى.

# سۈرە قەمەر

| (٥٤) سورة القمر مكية ٥٥ آية | (54) سۈرە قەمەر مەككىدە چۈشكەن 55 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱقۡتَرَبَتِ ٱلسَّاعَةُ وَٱنشَقَّ ٱلۡقَمَرُ ۝١

***قىيامەت يېقىنلاشتى① ، ئاي يېرىلدى② [1].***

★ بۇ سۈرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت نامازلىرىدا ئوقۇيدىغان سۈرىلەردىن ئىدى.

① بىرىنچىدىن: ئۆتۈپ كەتكەن زامان ئېتىبارى بىلەن قىيامەت يېقىنلاشتى، چۈنكى قالغان زامان ئازدۇر. ئىككىنچىدىن: ھەر قانداق كېلىدىغان نەرسە يېقىن بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قىيامەتكە كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماق ئارىسىدەك يېقىن قالغاندا، مەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم». (سەھىھۇل بۇخارى 6504-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2951-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 2214-ھەدىس) يەنى مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.

② بۇ مۆجىزە مەككە ئەھلىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن كۆرسىتىلگەن. ئاي يېرىلىپ ئىككى پارچە بولغان، ھەتتا كىشىلەر ئاينىڭ ئىككى

پارچىسىنىڭ ئارىسىدىن ھىرا تېغىنى كۆرگەن. يەنى ئاينىڭ بىر پارچىسى تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنە بىر پارچىسى ئۇنىڭ سول تەرىپىدە كۆرۈنگەن. (سەھىھۇل بۇخارى **4864**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **2800**-ھەدىس) ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق ئۆلىمالار ئارىسىدا بۇ ھەقتە ئىختىلاپ يوقتۇر. (فەتھۇلقەدىر) ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئاينىڭ يېرىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا يۈز بەرگەنلىكىگە ئۆلىمالار بىردەك بىرلىككە كەلگەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان مۇتەۋاتىر ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ».

وَإِن يَرَوۡاْ ءَايَةٗ يُعۡرِضُواْ وَيَقُولُواْ سِحۡرٞ مُّسۡتَمِرّٞ ٢ وَكَذَّبُواْ وَٱتَّبَعُوٓاْ
أَهۡوَآءَهُمۡۚ وَكُلُّ أَمۡرٖ مُّسۡتَقِرّٞ ٣ وَلَقَدۡ جَآءَهُم مِّنَ ٱلۡأَنۢبَآءِ مَا فِيهِ
مُزۡدَجَرٌ ٤ حِكۡمَةُۢ بَٰلِغَةٞۖ فَمَا تُغۡنِ ٱلنُّذُرُ ٥ فَتَوَلَّ عَنۡهُمۡۘ يَوۡمَ
يَدۡعُ ٱلدَّاعِ إِلَىٰ شَيۡءٖ نُّكُرٍ ٦

***مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) بىرەر دەلىل-پاكىتنى كۆرسىلا، (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرۈپ: «(بۇ) داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سېھىردۇر» دېيىشىدۇ① [2]. ئۇلار (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، ئۆز خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، (ياخشى-يامان) ھەربىر ئىش بەلگىلەنگەن چەككە يېتىدۇ② [3]. ھەقىقەتەن ئۇلارغا (قۇرئان) خەۋەرلىرىدىن③ (ئۆزلىرىنى كۇفرىلىقتىن مەنئى قىلىشقا) يېتەرلىك خەۋەرلەر (يەنى ئىبرەتلەر) كېلىپ بولدى④ [4]. بۇ (قۇرئان ۋايىغا يەتكەن) مۇكەممەل ھېكمەتتۇر⑤، (ئەمما ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن قەۋمگە) ئاگاھلاندۇرۇشلار پايدا (ئۇنۇم) بەرمەيدۇ⑥ [5]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (قىيامەت) كۈنىدە چاقىرغۇچى (ئىسرافىل ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلىنىشتىن ئىبارەت) دەھشەتلىك ئىشقا چاقىرىدۇ (يەنى سۇر چالىدۇ)⑦ [6].***

① يەنى قۇرەيشلىكلەر ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلىك ئورنىغا، ئۇ مۆجىزىنى سېھىر دەپلا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشكە باھانە ئىزدەيدۇ.

② بۇ ئايەتتە مەككە كاپىرلىرىنىڭ مۆجىزىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆز خاھىشلىرىغا ئەگەشكەنلىكىگە رەددىيە بېرىلىپ دېيىلدىكى، ھەر قانداق ئىشنىڭ، مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئاخىرى ۋە چېكى بولىدۇ، يەنى ئاخىرىدا ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ. ياخشى ئىشنىڭ ياخشى نەتىجىسى، يامان ئىشنىڭ يامان نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ. بۇ نەتىجە، ئاللاھ ئىرادە قىلسا، دۇنيادىمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ. دۇنيادا كۆرۈلمىسە، ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرۈلىدۇ.

③ يەنى بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبتىن ھالاك قىلىنغان ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ خەۋەرلىرى كېلىپ بولدى.

④ يەنى ئۇ خەۋەرلەردە يېتەرلىك ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت بار بولۇپ، ھەر كىم ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، شېرىك ۋە گۇناھتىن ساقلانماقچى بولسا، ئەلۋەتتە ساقلىنالايدۇ.

⑤ بۇنىڭ بىر قانچە مەنىسى بار: بىرىنچى مەنىسى، بۇ قۇرئان ھالاكەتتىن قايتۇرغۇچىدۇر. ئىككىنچى مەنىسى، بۇ قۇرئان شۇنداق مۇكەممەل ھېكمەتتۇركى، ئۇنىڭدا ھېچ كەمتۈكلۈك ياكى نۇقسان يوقتۇر. ئۈچىنچى مەنىسى، ئاللاھ تائالا كىمنى ھىدايەت قىلغان ياكى گۇمراھ قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىمۇ ئاللاھ ئۆزى بىلىدىغان چوڭقۇر ھېكمەت باردۇر.

⑥ يەنى قىسمىتىگە ئاللاھ تائالا شەقاۋەتنى (بەختسىزلىكنى) پۈتۈۋەتكەن ۋە دىللىرىغا مۆھۈر بېسىۋەتكەنلەرگە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى قانداقمۇ پايدا ۋە ئۈنۈم بەرسۇن؟ ئۇنداقلارغا سۈرە بەقەرە **6**ـ ئايەتتىكى ﴿ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن ياكى ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر. ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴾ دېگەن ئىبارە دەل مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇ ئۇقۇمنى كۈچلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئايەت شۇكى: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) ئاللاھنىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ئىدى، ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، توغرا يولغا كەلتۈرەتتى»﴾. (سۈرە ئەنئام **149**ـ ئايەت)

⑦ ﴿يَوْمَ﴾دىن ئىلگىرى " أُذْكُرْ" «ياد ئەتكىن» دېگەن سۆز جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. يەنى ئۇ كۈننى ياد ئەتكىن. ﴿نُكُرٍ﴾ قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەھشەر مەيدانى، ھېساپ بېرىدىغان مەيداندىكى دەھشەتلىك ئەھۋال ۋە دىشۋارچىلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

خُشَّعًا أَبْصَٰرُهُمْ يَخْرُجُونَ مِنَ ٱلْأَجْدَاثِ كَأَنَّهُمْ جَرَادٌ مُّنتَشِرٌ ﴿٧﴾
مُّهْطِعِينَ إِلَى ٱلدَّاعِ ۖ يَقُولُ ٱلْكَٰفِرُونَ هَٰذَا يَوْمٌ عَسِرٌ ﴿٨﴾ ۞ كَذَّبَتْ
قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ فَكَذَّبُوا۟ عَبْدَنَا وَقَالُوا۟ مَجْنُونٌ وَٱزْدُجِرَ ﴿٩﴾ فَدَعَا
رَبَّهُۥٓ أَنِّى مَغْلُوبٌ فَٱنتَصِرْ ﴿١٠﴾ فَفَتَحْنَآ أَبْوَٰبَ ٱلسَّمَآءِ بِمَآءٍ
مُّنْهَمِرٍ ﴿١١﴾ وَفَجَّرْنَا ٱلْأَرْضَ عُيُونًا فَٱلْتَقَى ٱلْمَآءُ عَلَىٰٓ أَمْرٍ قَدْ
قُدِرَ ﴿١٢﴾ وَحَمَلْنَٰهُ عَلَىٰ ذَاتِ أَلْوَٰحٍ وَدُسُرٍ ﴿١٣﴾ تَجْرِى بِأَعْيُنِنَا جَزَآءً
لِّمَن كَانَ كُفِرَ ﴿١٤﴾

ئۇلار قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، خۇددى تارقىلىپ كەتكەن چېكەتكىلەردەك، قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ① [7]. ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگۈرىدۇ②، كاپىرلار: «بۇ قىيىن بىر كۈنغۇ» دېيىشىپ كېتىدۇ [8]. ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھنىڭ ئۇنى قەۋمى ئىنكار قىلغان ئىدى، ئۇلار بەندىمىزنى (يەنى نۇھنى) ئىنكار قىلىشتا تۇرۇپ، ئۇنى مەجنۇن دېدى ۋە ئۇ (تۈرلۈك تەھدىتلەر بىلەن دىنغا دەۋەت قىلىشتىن) چەكلەندى③ [9]. ئۇ رەببىگە: «مەن راستىتىنلا ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدىم، ماڭا ياردەم بەرگىن» دەپ دۇئا قىلدى [10]. ئاندىن بىز ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق④ [11]. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، ئاللىتائالا بەلگىلىگەن ئىشقا (يەنى ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىش ئىشىغا) بىنائەن، (يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى) سۇ بىر-بىرىگە قوشۇلدى⑤ [12].

*نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق (چىقاردۇق)⑥ [13]. ئىنكار قىلىنغان (نۇھ)نى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن (ئۇنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلدۇق)، كېمە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا (ھىمايىمىز ئاستىدا) ئېقىپ ماڭاتتى [14].*

① يەنى ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، ئەتراپقا شۇنداق تارىلىدۇ ۋە ھېساب مەيدانىغا قاراپ شۇنداق تېزلىكتە ماڭىدۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ مېڭىشلىرى خۇددى يەر يۈزىگە تارىلىپ كەتكەن چېكەتكىلەرگە ئوخشايدۇ.

② ﴿مُهْطِعِيْنَ﴾ " مُسْرِعِيْنَ " تېز يۈگۈرەيدۇ، ھەرگىز ئارقىدا قالمايدۇ.

③ ﴿وَازْدُجِرَ﴾ ئەسلىدە " وَازْتُجِرْ " تەھدىتكە دۇچار بولدى، چەكلەندى، قورقۇتۇلدى دېگەن مەنىدە. يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى ئىنكار قىلىپ قالماستىن يەنە ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلدى، ئۇنى دىنغا دەۋەت قىلىشتىن توسۇپ، تەھدىت سالدى. بۇ تەھدىت يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ﴿ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋىتىڭدىن) يانمىساڭ، سەن چوقۇم چالما-كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن﴾. (سۈرە شۇئەرا 116-ئايەت)

④ ﴿مُنْهَمِرٍ﴾ كۆپ ياكى زور مىقداردا. " هَمْرٌ، صَبٌّ " قۇيۇش، قۇيۇلۇش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە قىرىق كۈنگىچە ئۈزۈلمەي زور مىقداردا قاتتىق يامغۇر ياغقان.

⑤ ئاسماندىن ياغقان يامغۇر بىلەن زېمىندىن چىققان سۇ بىرلىشىپ، ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، يەنى يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى توپان ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنى غەرق قىلدى.

⑥ ﴿ دُسُرٍ﴾ " دِسَارٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، كېمىنىڭ تاختىلىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئارغامچىلار ياكى تاختىلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان مىخلارنى كۆرسىتىدۇ.

وَلَقَد تَّرَكۡنَٰهَآ ءَايَةً فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ١٥ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي

وَنُذُرِ ﴿١٦﴾ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿١٧﴾
كَذَّبَتْ عَادٌ فَكَيْفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ ﴿١٨﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا
صَرْصَرًا فِي يَوْمِ نَحْسٍ مُّسْتَمِرٍّ ﴿١٩﴾

***بىز ئۇنى (يەنى توپان بالاسىنى) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق①، (ئۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟② [15] مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟ [16] ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى (يادلاش) ۋەز ـ نەسىھەت ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق③، (ئۇنىڭدىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟ [17] ئاد قەۋمىمۇ (پەيغەمبىرى ھۇدنى) ئىنكار قىلغان ئىدى، (ئۇلارغا) مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟! [18] بىز ھەقىقەتەن ئۇلارغا شۇملۇقى ئۇزۇلمەيدىغان بىر كۈندە قاتتىق ئاۋازلىق، سوغۇق بوران ئەۋەتتۇق (يەنى بوران بىلەن ھالاك قىلدۇق)④.***

① ﴿تَرَكْنٰهَا﴾ «ئۇنى ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق»دىكى ئالماش كېمىنى ياكى شۇ ئىش ـ ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىمىزنى ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق. (فەتھۇلقەدىر)

② ﴿مُدَّكِرٍ﴾ ئەسلىدە " مُذْتَكِرٍ " بولۇپ، باشتا " ت " ھەرپى " د " ھەرپىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئاندىن " ذ " ھەرپى " د " ھەرپىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىككى " د " بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ مەنىسى، ئىبرەت ئالغۇچى ۋە نەسىھەت ھاسىل قىلغۇچى، دېمەكتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى ئۇنىڭ مەنە ۋە مەقسەتلىرىنى چۈشۈنۈشنى، ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشنى يەنە تىل بىلەن يادلاشنىمۇ ئاسان قىلىپ بەردۇق. ئەمەلىيەتتە قۇرئان كەرىم مۆجىزە ۋە بالاغەتتە يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە كىتاب بولسىمۇ، ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكا ۋە بالاغەت كىتابلىرىنى ئوقۇمىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئازراق كۆڭۈل قويسىلا، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوڭايلا چۈشىنەلەيدۇ. شۇنىڭدەك بۇ قۇرئان دۇنيادىكى سۆزمۇ ـ سۆز، ھەممە لەۋزىلىرى تولۇق يادلىنىدىغان بىردىنبىر كىتابتۇر. ئادەتتە بىر كىچىك كىتابنىمۇ يادلاش ۋە ئۇنى ئۇزۇن زامان ئېسىدە ساقلاش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. كىمكى بۇ قۇرئاننى چىن قەلبى

بىلەن، زېھنىنى ئوچۇق تۇتۇپ، ئىبرەت كۆزى بىلەن ئوقۇسا، ئۇنى ئۆزىگە قىلىنغان ۋەز-نەسىھەت سۈپىتىدە ئاڭلىسا، سەمىمىيلىك بىلەن مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلسا، ئۇنداق كىشى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. قۇرئان ئۇنىڭ قەلبى ۋە مېڭىسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئۇنى كۇفرى ۋە گۇناھنىڭ بارلىق كىرلىرىدىن پاكلايدۇ.

④ رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ چارشەنبە ئاخشىمى ئىدى. شۇ چاغدا قاتتىق ئاۋازلىق سوغۇق بوران گۈركىرەپ چىقىشقا باشلىدى ۋە ئىزچىل يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز داۋاملاشتى. بۇ سوغۇق بوران ئۆيلەر ۋە قەلئەلەرگە كىرىۋالغان كىشىلەرنى ئورۇنلىرىدىن يۇلۇپ كېتەتتى، ئاندىن ئۇلارنى ئارقىغا ياندۇرۇپ بېشىچە يەرگە قاتتىق تاشلايتتى، ئۇلار يەرگە چۈشۈپ باشلىرى تەنلىرىدىن ئايرىلىپ كېتەتتى. بۇ كۈن ئۇلار ئۈچۈن ئازاب ئېتىبارى بىلەن شۇم كۈن بولدى. بۇنىڭ مەنىسى بەزىلەر گۇمان قىلغاندەك چارشەنبە كۈندە ياكى باشقا بىر كۈندە شۇملۇق بار دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ﴿مُسۡتَمِرّ﴾نىڭ مەنىسى شۇكى، بۇ ئازاب ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولغانغا قەدەر ئىزچىل داۋام قىلدى.

تَنزِعُ ٱلنَّاسَ كَأَنَّهُمۡ أَعۡجَازُ نَخۡلٖ مُّنقَعِرٖ ٢٠ فَكَيۡفَ كَانَ عَذَابِي
وَنُذُرِ ٢١ وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ٢٢
كَذَّبَتۡ ثَمُودُ بِٱلنُّذُرِ ٢٣ فَقَالُوٓاْ أَبَشَرٗا مِّنَّا وَٰحِدٗا نَّتَّبِعُهُۥٓ إِنَّآ إِذٗا
لَّفِي ضَلَٰلٖ وَسُعُرٍ ٢٤ أَءُلۡقِيَ ٱلذِّكۡرُ عَلَيۡهِ مِنۢ بَيۡنِنَا بَلۡ هُوَ
كَذَّابٌ أَشِرٞ ٢٥ سَيَعۡلَمُونَ غَدٗا مَّنِ ٱلۡكَذَّابُ ٱلۡأَشِرُ ٢٦ إِنَّا مُرۡسِلُواْ
ٱلنَّاقَةِ فِتۡنَةٗ لَّهُمۡ

*بوران ئىنسانلارنى (ئورۇنلىرىدىن) يۇلۇپ كېتەتتى، گويا ئۇلار قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى① [20 ـ 19]. مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟ [21] ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟ [22] سەمۇد ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنى*

*(يەنى پەيغەمبەرلەرنى) يالغانچى دېدى [23]. ئۇلار: «ئارىمىزدىكى (بىزگە ئوخشاش) بىر ئادەمگە ئەگىشەمدۇق؟ (ئۇنداق قىلساق) ئۇ چاغدا بىز راستتىنلا ئازغۇن ۋە ساراڭ بولغان بولىمىز② [24]. ئارىمىزدىن پەقەت ئۇنىڭغىلا ۋەھيي نازىل بولۇپتۇمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بىر يالغانچىدۇر، مۇتەكەببىردۇر» دېدى③ [25]. ئۇلار ئەتە (ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ④ [26]. (بىز سالىھقا): «بىز ھەقىقەتەن سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا چىشى تۆگىنى ئەۋەتمەكچىمىز⑤،*

① بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بويى ئېگىز تۇرۇپمۇ، ئازاب كەلگەندە چارىسىز قالغانلىقى بايان قىلىندى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە قىلالمىدى، ۋەھالەنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە تولىمۇ ئىشىنەتتى. ﴿اَعْجَازُ﴾ " عَجُزٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بىر نەرسىنىڭ كۆتىكى، قۇيرۇقى ۋە ئاخىرقى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿مُنْقَعِرٍ﴾ يىلتىزىدىن قومۇرۇلغان، كېسىلگەن دېگەن مەنىدە. يەنى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى خۇددى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىلگەن، كېسىۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك يەردە ياتاتتى.

② يەنى بىر ئىنساننى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گۇمراھلىق ۋە ساراڭلىق دەپ قارىلاتتى. ﴿سُعُرٍ﴾ "سَعِيْرٌ"نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئوتنىڭ يالقۇنى دېگەن مەنىدە. تەرجىمىدە بۇ سۆز ساراڭلىق مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. ئۇنى يەنە قاتتىق ئازاب مەنىسىدە ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. يەنى «ئۇ چاغدا بىز قاتتىق ئازابتا قالغان بولىمىز».

③ ﴿اَشِرٌ﴾ مۇتەكەببىر ياكى يالغانچىلىقتا ھەددىدىن ئاشقۇچى، يەنى ماڭا ۋەھيي نازىل بولىدۇ دەپ ناھايىتى چوڭ يالغان سۆزلىگۈچى دېگەن مەنىدە. بىزنىڭ ئارىمىزدىن پەقەت ئاشۇ بىر ئادەمگە ۋەھيي كەلدىمۇ؟ ياكى ئۇ شۇنداق دېيىش ئارقىلىق، بىزگە ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتمەكچىمۇ؟

④ ئۇلار ئۆزلىرى يەنى پەيغەمبەرگە بوھتان چاپلىغانلار يالغانچىمۇ ياكى ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيي كېلىدىغان ھەم پەيغەمبەرلىككە تاللانغان سالىھ ئەلەيھىسسالام يالغانچىمۇ؟ ﴿غَدًا﴾ «ئەتە» دېگەندىن قىيامەت كۈنى ياكى دۇنيادا ئۇلارغا ئازاب چۈشۈشى بەلگىلەنگەن كۈن كۆزدە

تۇتۇلىدۇ.

⑤ ئۇلار ئىمان ئېيتامدۇ ياكى ئېيتمامدۇ؟ سىناش ئۈچۈن ئەۋەتىمىز. بۇ چىشى تۆگىنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن چوڭ بىر تاشتىن چىقىرىپ بەردى.

فَٱرْتَقِبْهُمْ وَٱصْطَبِرْ ﴿٢٧﴾ وَنَبِّئْهُمْ أَنَّ ٱلْمَآءَ قِسْمَةٌۢ بَيْنَهُمْ ۖ كُلُّ شِرْبٍ
مُّحْتَضَرٌ ﴿٢٨﴾ فَنَادَوْا۟ صَاحِبَهُمْ فَتَعَاطَىٰ فَعَقَرَ ﴿٢٩﴾ فَكَيْفَ كَانَ عَذَابِى
وَنُذُرِ ﴿٣٠﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ صَيْحَةً وَٰحِدَةً فَكَانُوا۟ كَهَشِيمِ
ٱلْمُحْتَظِرِ ﴿٣١﴾ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿٣٢﴾
كَذَّبَتْ قَوْمُ لُوطٍۭ بِٱلنُّذُرِ ﴿٣٣﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ حَاصِبًا

سەن (ئۇلارنىڭ تۆگىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى) كۈتكىن، (ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن① [27]. ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا سۇنىڭ تەقسىم قىلىنغانلىقىنى②، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە، شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن»(دېدۇق)③ [28]. ئۇلار (بۇ تەقسىماتقا نارازى بولۇپ، تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە قەددار ئىسىملىك) بۇرادىرىنى چاقىردى④. ئۇ (قىلىشنى ئېلىپ) تۆگىگە قول سالدى⑤، ئاندىن (ئۇنى) بوغۇزلىدى [29]. مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟! [30] شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋازنى ئەۋەتىپ، (ھالاك قىلىش بىلەن) ئۇلارنى قوتان ياسىغۇچىنىڭ دەسسىۋېتىلگەن (تاشلاندۇق) شاخ - شۇمبىلىرىدەك قىلىۋەتتۇق⑥ [31]. ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى چۈشىنىپ (ۋەز - نەسىھەت ئېلىش) ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز - نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟ [32]. لۇتنىڭ قەۋمى ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنى (يەنى پەيغەمبەرلەرنى) يالغانغا چىقاردى [33]. بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش (ياغدۇرغۇچى بوراننى) ئەۋەتتۇق (يەنى ئۇلارنى تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلدۇق)⑦،

① يەنى ئۇلار ۋەدىسىگە بىنائەن ئىمان ئېيتامدۇ-يوق؟ بۇنىڭغا قارىغىن ۋە ئۇلاردىن كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن.

② يەنى سۇ ئىچىش نۆۋىتى بىر كۈن تۆگىنىڭ، بىر كۈن قەۋمنىڭ بولىدۇ.

③ دېمەك ھەربىرى ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كەلگەن كۈندە ھازىر بولۇپ، سۇدىن نېسىۋىسىنى ئالسۇن، ئۇ كۈندە يەنە بىرى كەلمىسۇن. ﴿شِرْبٍ﴾ سۇدىن ئالىدىغان نېسىۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

④ يەنى ئۇلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە قايىل قىلغان بۇرادىرىنى چاقىردى، ئۇنىڭ ئىسمى قەددار ئىبنى سالىف ئىدى. ئۇنى ۋەدىسى بويىچە تۆگىنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا چاقىردى.

⑤ يەنى ئۇ قىلىچنى تۇتتى ياكى تۆگىنى تۇتتى، تۆگىنىڭ پۇتلىرىنى كەستى ئاندىن ئۇنى بوغۇزلىۋەتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿فَتَعَاطَىٰ﴾نى "فَجَسَرَ" مەنىسىدە دەپ ئالىدۇ. يەنى ئۇ تۆگىنى بوغۇزلاشقا جۈرئەت قىلدى.

⑥ ﴿الْمُحْتَظِرِ﴾ ئېنىقلىغۇچى ئىسىم بولۇپ، قوتان ياسىغۇچى دېگەن مەنىدە. شۇ سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان "مَحْظُوْرَةٌ" مەنىسىدىكى "حَظِيْرَةٌ" ھايۋانلارنى بېقىش ۋە ئاسراش ئۈچۈن ياغاچ ۋە شاخ-شۇمبىلاردىن ياسىلىدىغان قوتاننى كۆرسىتىدۇ. ﴿هَشِيْمِ﴾ قۇرۇق ئوت-چۆپ ياكى كېسىۋېتىلگەن شاخ-شۇمبىلارنى كۆرسىتىدۇ. قوتان ياسىغۇچىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ياغاچ، ئوت-چۆپ ۋە شاخ - شۇمبىلىرى كۆپ دەسسەلگەنلىكتىن يانجىلىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئۇلارمۇ ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا دەسسەپ يانجىۋېتىلگەن ئوت-چۆپلەردەك بولۇپ كەتتى.

⑦ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تاش ئاتىدىغان بوران ئەۋەتتى. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرىنى دۈم كۆمتۈرىۋەتتى، ئۇ يۇرتنىڭ ئاستى ئۈستى تەرەپكە، ئۈستى ئاستى تەرەپكە بولۇپ قالدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاشلارنى ياغدۇردى. بۇ ۋەقە سۈرە ھۇد ۋە باشقا سۈرىلەردە تەپسىلي بايان قىلىندى.

إِلَّآ ءَالَ لُوطٍۖ نَّجَّيْنَٰهُم بِسَحَرٍ ﴿٣٤﴾ نِّعْمَةً مِّنْ عِندِنَاۚ كَذَٰلِكَ نَجْزِى

مَن شَكَرَ ﴿٣٥﴾ وَلَقَدْ أَنذَرَهُم بَطْشَتَنَا فَتَمَارَوْاْ بِٱلنُّذُرِ ﴿٣٦﴾ وَلَقَدْ
رَٰوَدُوهُ عَن ضَيْفِهِۦ فَطَمَسْنَآ أَعْيُنَهُمْ فَذُوقُواْ عَذَابِى وَنُذُرِ ﴿٣٧﴾

*پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرىنىلا① دەرگاھىمىزدىن ئىنئام قىلىپ سەھەردە قۇتقۇزدۇق② ، شۈكۈر قىلغۇچىنى بىز مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز [35 ـ 34] . شەكسىزكى، لۇت ئۇلارنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇردى③ ، ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى④ [36] . ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (يەنى ئادەمزات شەكلىدە كەلگەن پەرىشتىلەرنى بەچچىۋازلىق قىلىش ئۈچۈن) تەلەپ قىلغان ئىدى⑤ . بىز ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق⑥ ، (ئۇلارغا) «مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» (دېدۇق) [37] .*

① ﴿آلَ لُوطٍ﴾ «لۇتنىڭ تەۋەلىرى» دېگەندىن لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆزى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ مۆئمىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزى مۆئمىنلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا نىجاتلىق بېرىلدى. ﴿سَحَرٍ﴾ دېگەن سەھەر ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

② يەنى بىز ئۇلارغا ئىنئام ۋە مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇلارنى ئازابتىن ساقلاپ قالدۇق.

③ يەنى ئازاب كېلىشتىن ئىلگىرى لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىمىزدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.

④ لېكىن ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پەرۋا قىلمىدى، ھەتتا ئۇ ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى بىلەن جېدەللىشىپ يۈردى.

⑤ يەنى ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامدىن مېھمانلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى سورىغان ياكى تارتىۋالماقچى بولغان ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ يېنىغا بىر قانچە چىرايلىق يىگىتلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ (ئەسلىدە بۇ يىگىتلەر ئۇلارغا ئازاب ئېلىپ كەلگەن پەرىشتىلەر ئىدى)، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا:

يىگىتلەرنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگىن، بىز ئۇلار بىلەن بۇزۇلغان كەيپىمىزنى تەڭشەپ كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز، دېگەن ئىدى.

⑥ بۇ مېھمانلار جىبرىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىل قاتارلىق پەرىشتىلەر ئىدى، ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى يامان غەرەز بىلەن كېلىپ، بۇ پەرىشتىلەر (مېھمانلار)نى ئېلىپ كېتىشتە چىڭ تۇرۇۋالدى. دەل شۇ پەيتتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام قانىتىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن ھەربىرىنىڭ كۆز گۆھىرى چىقىپ كەتتى، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇلارنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى يوق بولۇپ، كور بولدى. ھەر ھالدا بۇ ئومۇمىي ئازابتىن ئىلگىرى يامان غەرەز بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلەر دۇچار بولغان خاس ئازاب ئىدى. ئۇلار كۆز گۆھىرى چىقىپ كەتكەن ياكى كور بولغان ھالدا قايتىشتى. ئاندىن ئەتىسى ئەتىگەن ۋاقتىدا ئۇلارغا ئومۇمىي ئازاب چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قەۋم ھالاك بولدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَلَقَدۡ صَبَّحَهُم بُكۡرَةً عَذَابٞ مُّسۡتَقِرّٞ ﴿٣٨﴾ فَذُوقُواْ عَذَابِي وَنُذُرِ ﴿٣٩﴾
وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ﴿٤٠﴾ وَلَقَدۡ جَآءَ ءَالَ
فِرۡعَوۡنَ ٱلنُّذُرُ ﴿٤١﴾ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا كُلِّهَا فَأَخَذۡنَٰهُمۡ أَخۡذَ عَزِيزٖ
مُّقۡتَدِرٍ ﴿٤٢﴾ أَكُفَّارُكُمۡ خَيۡرٞ مِّنۡ أُوْلَٰٓئِكُمۡ أَمۡ لَكُم بَرَآءَةٞ فِي
ٱلزُّبُرِ ﴿٤٣﴾ أَمۡ يَقُولُونَ نَحۡنُ جَمِيعٞ مُّنتَصِرٞ ﴿٤٤﴾

***ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئەتىگەندە دائىمىي (يەنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ئۇلىنىپ كېتىدىغان) ئازاب چۈشتى① [38]. (ئۇلارغا): «مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» (دېدۇق) [39]. ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش (يادلاش ۋە چۈشىنىش) ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق②، (ئۇنىڭدىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟ [40]. شەكسىزكى، پىرئەۋن تەۋەلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇشلار كەلدى③ [41]. ئۇلار پۈتۈن ئايەتلىرىمىزنى (يەنى مۆجىزىلىرىمىزنى)④ ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى غالىب، چەكسىز قۇدرەتلىك بولۇش سۈپىتىمىزگە لايىق شەكىلدە***

***ھالاك قىلدۇق⑤ [42]. (ئى ئەرەب جامائەسى!) سىلەرنىڭ كاپىرلىرىڭلار ئاشۇ (ھالاك قىلىنغان)لاردىن ياخشىمۇ؟⑥ ياكى ساماۋى كىتابلاردا سىلەر ئۈچۈن (ئازابتىن) كەچۈرۈم بارمۇ؟⑦ [43] ياكى ئۇلار «بىز غالىب كەلگۈچى جامائەمىز» دەۋاتامدۇ؟⑧ [44]***

① يەنى ئەتىگەندە ئۇلارغا دائىمىي ئازاب كەلدى. ﴿مُسْتَقِرٌّ﴾نىڭ مەنىسى، ئۇلارنى ھالاك قىلمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان مۇقىم (دائىمىي) ئازاب، دېمەكتۇر.

② «قۇرئاننى ئاسان قىلدۇق» دېگەن ئىبارە بۇ سۈرىدە قايتا-قايتا تەكرارلاندى، بۇنىڭدىكى مەقسەت شۇنى تەكىتلەش ئۈچۈنكى، ئاللاھنىڭ قۇرئاننى يادلاش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئاسان قىلغانلىقى ئۇنىڭ بۈيۈك نېمىتى ۋە ئىنئامىدۇر. ئىنسان بۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلىشتىن ھېچ ۋاقىت غاپىل بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

③ ﴿النُّذُرُ﴾نى "نَذِيْرٌ" «ئاگاھلاندۇرغۇچى»نىڭ كۆپلۈك شەكلى دەپ ئېلىپ، ئايەتنى «ئاگاھلاندۇرغۇچىلار كەلدى» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ ياكى ئۇنى "إِنْذَارٌ" ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىدە كەلگەن سۆزنىڭ تومۇرى دەپ ئېلىپ، «ئاگاھلاندۇرۇشلار كەلدى» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلار كاتتا مۆجىزىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇلار ئارقىلىق پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ئاگاھلاندۇردى. بۇ ئىلگىرى سۈرە ئىسرادا تىلغا ئېلىنغان توققۇز مۆجىزە ئىدى.

⑤ يەنى ئۇلارنىڭ بىرىمۇ قالماي پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى. چۈنكى، بۇ ئازاب جازاسىدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدىغان، ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر، غالىب ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئىدى.

⑥ بۇ يەردىكى سوئال جۈملە ئىنكار قىلىش يەنى مەنپىي مەنىدە كەلگەن. دېمەك، ئى ئەرەب جامائەسى! سىلەرنىڭ كاپىرلىرىڭلار ئىلگىرىكى كاپىرلاردىن ياخشىراق ئەمەس، ئۇلار كاپىر بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنغان ئىدى، سىلەر ئۇلاردىنمۇ بەتتەر تۇرۇپ، ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتامسىلەر؟

⑦ ﴿الزُّبُرِ﴾ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ساماۋى

كىتابلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنى شۇ نازىل قىلىنغان كىتابلاردا سىلەر ھەققىدە «قۇرەيشلىكەر ياكى ئەرەبلەر خالىغىنىنى قىلسۇن، ئۇلار جازاغا تارتىلمايدۇ» دەپ يېزىلغانمۇ؟

⑧ ئۇلار سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ زورلىقىدىن پەخىرلىنىپ، ھېچكىم بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلالمايدۇ، دەۋاتامدۇ؟ يەنە بىر مەنىسى، بىز بىرلەشكەن جامائەمىز، بىز دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىشقا قادىرمىز، دەۋاتامدۇ؟

سَيُهۡزَمُ ٱلۡجَمۡعُ وَيُوَلُّونَ ٱلدُّبُرَ ﴿٤٥﴾ بَلِ ٱلسَّاعَةُ مَوۡعِدُهُمۡ وَٱلسَّاعَةُ
أَدۡهَىٰ وَأَمَرُّ ﴿٤٦﴾ إِنَّ ٱلۡمُجۡرِمِينَ فِي ضَلَٰلٖ وَسُعُرٖ ﴿٤٧﴾ يَوۡمَ يُسۡحَبُونَ فِي
ٱلنَّارِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمۡ ذُوقُواْ مَسَّ سَقَرَ ﴿٤٨﴾ إِنَّا كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقۡنَٰهُ
بِقَدَرٖ ﴿٤٩﴾ وَمَآ أَمۡرُنَآ إِلَّا وَٰحِدَةٞ كَلَمۡحِۭ بِٱلۡبَصَرِ ﴿٥٠﴾

***بۇ جامائە يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ① [45]. بەلكى قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت (كۈندىكى ئازاب) تېخىمۇ قىيىن ۋە تېخىمۇ ئاچچىقتۇر② [46]. گۇناھكارلار ھەقىقەتەن (دۇنيادا) گۇمراھلىقتىدۇر، (ئاخىرەتتە بولسا) دوزاختىدۇر [47]. ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ)③ [48]. بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك (تەقدىر بىلەن) ياراتتۇق④ [49]. (بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولغان چېغىمىزدا) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئورۇندىلىدىغان («بول!» دېگەندىن ئىبارەت) بىرلا سۆزدۇر [50].***

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ باتىل دەۋا ۋە بىلجىرلاشلىرىغا رەددىيە بەردى. بۇ يەردىكى «جامائە» مەككە ئەھلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بەدرى غازىتىدا ئۇلار مەغلۇپ بولدى، كۈچى پارچىلىنىپ، ئارقىغا قاراپ قاچتى، مۇشرىك كاتتىباشلار ۋە كاپىر باشلىقلار ھالاك قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى غازىتى بولغان كۈنى ئۆز

چىدىرىنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا قاتتىق يالۋۇرۇپ زارلىنىپ دۇئا قىلىۋاتقان چاغدا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بولدى قىلغىن، پەرۋەردىگارىڭغا يالۋۇرۇشتا بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىدىردىن چىققاندا ئۇنىڭ مۇبارەك تىلى بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 4877-ھەدىس)

② ﴿أَدۡهَىٰ﴾ "دَهَاءٌ"دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، قاتتىق رەسۋا قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. ﴿أَمَرُّ﴾ "مَرَارَةٌ"دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، ناھايىتى ئاچچىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى دۇنيادا ئۇلار ئۆلتۈرۈلدى، ئەسىر ئېلىندى ۋە باشقا كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى جازاسى ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق جازا ۋەدە قىلىنغان بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا بېرىلىدۇ.

③ ﴿ سَقَرَ﴾مۇ دوزاخنىڭ بىر نامى بولۇپ، ئۇلارغا: ئۇنىڭ ھارارىتى ۋە قاتتىق ئازابىنى تېتىڭلار، دېيىلىدۇ.

④ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئۆلىمالىرى بۇ ئايەت كەرىمنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەرنى ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقاتى ئۈچۈن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان تەقدىرىگە يەنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى يارىتىشتىن ئىلگىرى كەلگۈسىدە بولىدىغان ھەممە ئىشنى بىلىدىغانلىقىغا ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يازغانلىقىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئۇلار يەنە بۇ ئايەت بىلەن ساھابىلەر زامانىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان (ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ دەپ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ئىنكار قىلىدىغان) قەدەرىيە پىرقىسىگە رەددىيە بېرىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَلَقَدۡ أَهۡلَكۡنَآ أَشۡيَاعَكُمۡ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ ٥١ وَكُلُّ شَيۡءٖ فَعَلُوهُ فِي ٱلزُّبُرِ ٥٢ وَكُلُّ صَغِيرٖ وَكَبِيرٖ مُّسۡتَطَرٌ ٥٣ إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَنَهَرٖ ٥٤ فِي مَقۡعَدِ صِدۡقٍ عِندَ مَلِيكٖ مُّقۡتَدِرِۭ ٥٥

*بىز ھەقىقەتەن (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەردىن كۇفرىدا) سىلەرگە*

***ئوخشاش بولغانلارنى ھالاك قىلدۇق①، (ئۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ [51] ئۇلار قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى (ئۇلارنىڭ) نامە - ئەمەلىدە مەۋجۇتتۇر② [52]. چوڭ-كىچىك ئىشنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا خاتىرىلەنگەندۇر③ [53]. شەكسىزكى، تەقۋادارلار (جەننەتلەردىكى) باغۇ-بوستانلاردا، (سۇ، شاراب، ھەسەل، سۈتتىن بولغان) ئۆستەڭلەرنىڭ ئەتراپىدا④، قۇدرەتلىك پادىشاھ (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىدىكى⑤ كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ⑥ [55].***

① يەنى كۇفرىدا سىلەرگە ئوخشاش بولغان سىلەردىن ئىلگىرىكى كاپىرلارنى ھالاك قىلدۇق. ﴿اَشْيَاعَكُمْ﴾ " أَشْبَاهَكُمْ وَ نُظَرَاءِكُمْ" يەنى سىلەرنىڭ ئوخشىشىڭلار، سىلەرگە ئوخشاش بولغانلار دېگەن مەنىدە. (فەتھۇلقەدىر)

② ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: ئۇلار قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندۇر.

③ يەنى مەخلۇقاتنىڭ بارلىق ئەمەللىرى، سۆز-ھەرىكەتلىرى، ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، بىرىمۇ قالدۇرۇلماستىن لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر. يۇقىرىدا گۇناھكار ۋە بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، تۆۋەندە تەقۋادار ۋە بەختلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

④ يەنى تەقۋادارلار ھەر خىل ۋە ھەر تۈرلۈك باغلاردا بولىدۇ. ﴿نَهَر﴾ تۈرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، جەننەتنىڭ بارلىق ئۆستەڭلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ ﴿مَلِيكٍ مُّقْتَدِرٍ﴾ قۇدرەتلىك پادىشاھ يەنى ھەممىگە قادىر، خالىغىنىنى قىلالايدىغان، ھېچكىم ئاجىزلاشتۇرالمايدىغان زات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولىدۇ. ﴿عِنْدَ﴾ «دەرگاھىدا» دېگەن بۇ سۆز ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا مۆئمىنلەر نائىل بولىدىغان ئىززەت، ھۆرمەت ۋە شان-شەرەپنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن.

⑥ ﴿مَقْعَدِ صِدْقٍ﴾ ئىززەتلىك ئولتۇرۇشتا ياكى ئەھلى ھەق مەجلىسىدە بولىدۇ، ئۇ يەردە گۇناھ بولىدىغان سۆز، بىھۇدە پاراڭ بولمايدۇ. بۇ ئىززەتلىك مەجلىس «كۆڭۈلدىكىدەك جاي» بولغان جەننەتتۇر.

# سۈرە رەھمان

| (٥٥) سورة الرحمن مدنية ٧٨ آية | (55) سۈرە رەھمان مەدىنىدە چۈشكەن 78 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱلرَّحۡمَٰنُ ١ عَلَّمَ ٱلۡقُرۡءَانَ ٢ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ ٣ عَلَّمَهُ ٱلۡبَيَانَ ٤
ٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ بِحُسۡبَانٖ ٥ وَٱلنَّجۡمُ وَٱلشَّجَرُ يَسۡجُدَانِ ٦
وَٱلسَّمَآءَ رَفَعَهَا وَوَضَعَ ٱلۡمِيزَانَ ٧ أَلَّا تَطۡغَوۡاْ فِي ٱلۡمِيزَانِ ٨

***رەھمان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى يادلاش ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى)① [2 ـ 1]، ئىنساننى ياراتتى② [3]. ئۇنىڭغا باياننى (يەنى مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن سۆزلەشنى) ئۆگەتتى③ [4]. كۈن بىلەن ئاي مۇئەييەن ھېساب بويىچە (ئايلىنىپ تۇرىدۇ)④ [5]. ئوت ـ چۆپلەر ۋە دەل ـ دەرەخلەرمۇ سەجدە قىلىدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ)⑤ [6]. ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى⑥. ئۆلچەمدە (كەم ـ زىيادە بېرىپ) زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تارازىنى بېكىتتى⑦ [7ـ8]،***

★ بۇ سۈرىنى بەزى مۇپەسسىرلەر مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ، توغرىسى شۇكى، بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. (فەتھۇلقەدىر) بۇنى

تۆۋەندىكى ھەدىس كۆچلەندۈرىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا سۈرە رەھماننى بېشىدىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ بەردى، ئۇلار جىم تۇرۇپ تىڭشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «شۇبھىسىزكى، مەن بۇ سۈرىنى جىنلارغا ئوقۇپ بەردىم، ئۇلار سىلەرگە قارىغاندا ياخشى جاۋاب قايتۇرغان ئىدى، مەن ھەر قېتىم ئاللاھ تائالانىڭ ﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟﴾ دېگەن ئايىتىگە كەلگەن چېغىمدا، ئۇلار: رەببىمىز! سېنىڭ نېمەتلىرىڭدىن ھېچبىرىنى ئىنكار قىلمايمىز، جىمى ھەمدۇسانا ساڭا مەنسۇپتۇر، دەپ جاۋاب قايتۇردى» دېدى. (سۈنەنى تىرمىزى 3291-ھەدىس)

① مۇپەسسىرلەرنىڭ نەقىل قىلىشىچە، بۇ ئايەت مەككە ئەھلىنىڭ «قۇرئاننى مۇھەممەدكە بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ»، دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەت مەككە ئەھلىنىڭ «رەھمان كىم؟» دېگەن سۆزىگە بېرىلگەن جاۋاب، دەپ قارايدۇ. ﴿قۇرئاننى تەلىم بەردى﴾ دېگەننىڭ مەنىسى ئۇنى ئاسانلاشتۇردى ياكى قۇرئاننى پەيغەمبەرگە ئاللاھ تەلىم بەردى، ئاندىن پەيغەمبەر ئۇنى ئۈممىتىگە تەلىم بەردى، دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە ئۆزىنىڭ كۆپ نېمەتلىرىنىساناپ ئۆتتى. بۇ نېمەتلەرنىڭ ئىچىدە قۇرئاننى تەلىم بېرىشنىڭ دەرىجىسى ئۈستۈن، قەدرى-قىممىتى يۇقىرى، ئەھمىيىتى زور بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بىرىنچى نېمەت سۈپىتىدە ھەممىدىن بۇرۇن تىلغا ئالدى. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى بۇ ئىنسان، دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى دەۋا قىلغاندەك، مايمۇندىن ۋە باشقا ھايۋانلاردىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئىنسان بولۇپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئىنساننى بۇ گۈزەل شەكىلدە ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقاندۇر. ئىنسان ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر مەخلۇقتۇر. ئىنسان سۆزى بۇ يەردە تۇرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

③ بۇ يەردىكى «بايان» دېگەندىن ھەر ئىنساننىڭ ئالاھىدە ئۆگەنمەستىن ئۆزلىكىدىن سۆزلەيدىغان ئانا تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ كۆڭلىدىكىنى شۇ تىل بىلەن ئىزھار قىلىدۇ. ھەتتا ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىمۇ ئانا تىلىدا سۆزلەيدۇ. مانا بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىلاھىي تەلىمنىڭ نەتىجىسىدۇر.

④ يەنى كۈن بىلەن ئاي ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ھېساب بويىچە ئۆزىنىڭ مەنزىلىدە (ئوربىتىسىدا) ئىزچىل تۈردە ئايلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ مەنزىللەردىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

⑤ يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۆرمىدىڭمۇ: ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ (يەنى ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ)﴾. (سۈرە ھەج **18**-ئايەت)

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا زېمىندا ئادالەتنى بېكىتىپ، كىشىلەرنى ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر سۈرىدە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، مىزان (قانۇن)نى چۈشۈردۇق﴾. (سۈرە ھەدىد **25**-ئايەت)

⑦ يەنى ئادالەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن تارازىنى ۋە ئۆلچەمنى بېكىتتى. شۇڭا، مىزاندا چەكتىن ئاشماڭلار.

وَأَقِيمُوا۟ ٱلْوَزْنَ بِٱلْقِسْطِ وَلَا تُخْسِرُوا۟ ٱلْمِيزَانَ ﴿٩﴾ وَٱلْأَرْضَ وَضَعَهَا
لِلْأَنَامِ ﴿١٠﴾ فِيهَا فَٰكِهَةٌ وَٱلنَّخْلُ ذَاتُ ٱلْأَكْمَامِ ﴿١١﴾ وَٱلْحَبُّ ذُو
ٱلْعَصْفِ وَٱلرَّيْحَانُ ﴿١٢﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٣﴾ خَلَقَ
ٱلْإِنسَٰنَ مِن صَلْصَٰلٍ كَٱلْفَخَّارِ ﴿١٤﴾ وَخَلَقَ ٱلْجَآنَّ مِن مَّارِجٍ مِّن
نَّارٍ ﴿١٥﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٦﴾ رَبُّ ٱلْمَشْرِقَيْنِ وَرَبُّ
ٱلْمَغْرِبَيْنِ ﴿١٧﴾

***ئۆلچەمنى ئادالەت بىلەن بەرپا قىلىڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار [9]. ئاللاھ زېمىننى مەخلۇقات ئۈچۈن (ياشاشقا مۇناسىپ قىلىپ) ئورۇنلاشتۇردى [10]. ئۇنىڭدا مېۋىلەر ۋە بوغۇنلۇق خورما دەرەخلىرى بار① [11]. يەنە سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەر② ۋە***

***خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر بار [12]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟③ [13]. ئاللاھ ئىنسانىنى (يەنى ئاتاڭلار ئادەمنى چەكسە ئاۋاز چىقىدىغان) ساپالدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتى④ [14]. جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى⑤ [15]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟⑥ [16] ئۇ ئىككى مەشرىق (يەنى كۈن بىلەن ئاينىڭ كۆرۈنىدىغان ئىككى جايى)نىڭ رەببىدۇر ۋە ئىككى مەغرىب (يەنى كۈن بىلەن ئاينىڭ پاتىدىغان ئىككى جايى)نىڭ رەببىدۇر⑦ [17].***

① ﴿اَكْمَامِ﴾ " كِمٌّ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، خورمىنىڭ پوستىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى " وِعَاءُ التَّمْرِ" خورمىنى ئوراپ تۇرغان پوستى، قېپى دېگەن مەنىدە. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنى «قاپلىق خورما دەرەخلىرى بار» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

② ﴿الْحَبُّ﴾ دېگەن ئىنسان ۋە ھايۋانلار يەيدىغان دانلىق زىرائەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان سامانلىرى ھايۋانلارغا ئوزۇق بولىدۇ.

③ بۇ ئىنسانلار ۋە جىنلارغا قارىتىلغان خىتابتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ، ئۇلاردىن سوراۋاتىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭ تەكرارلىنىشى بىراۋغا كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ سورىغان سوئالىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم باشقا بىر شەخسكە ئىزچىل تۈردە ياخشىلىق قىلىپ تۇرغان، ئەمما ئۇ شەخس ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا: مەن ساڭا پالانى ئىشنى قىلىپ بەرگەن، شۇنىمۇ ئىنكار قىلامسەن؟ مەن ساڭا پالانى نەرسىنى بەرگەن، ئۇنتۇلۇپ قالدىڭمۇ؟ مەن ساڭا شۇ قەدەر ياخشىلىق قىلسامۇ، يەنە مېنى ئويلاپ قويمامسەن؟ دېگەندەك. (فەتھۇلقەدىر)

④ ﴿صَلْصَالٍ﴾ چەكسە ئاۋاز چىقىدىغان قۇرۇق لاي. ﴿فَخَّارِ﴾ ئوتتا پىشۇرۇلغان لاي، يەنى ساپال دېمەكتۇر. بۇ يەردىكى «ئىنسان» دېگەندىن ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ دەسلەپتە لايدىن ياسالغان، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىگەن، ئاندىن ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ھەۋۋانى ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئەۋلادىدىن ئىنسانلارنىڭ نەسلى داۋام قىلغان.

⑤ ﴿الْجَآنَّ﴾ بۇ بىرلىك شەكلىدە كەلگەن ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ دەسلەپتە يارىتىلغان جىن يەنى جىنلارنىڭ بوۋىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى جىن بۇ يەردە تۈرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. شۇڭا تەرجىمىدە كۆپلۈك شەكلىدە ئېلىنغان. ﴿مَارِجٍ﴾ ئوتتىن چىققان يالقۇننى كۆرسىتىدۇ. دېمەك جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلغاندۇر.

⑥ يەنى سىلەرنى ياراتقانلىقىمۇ، سىلەرگە كۆپ ئەۋلاد ئاتا قىلىپ، نەسلىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىمۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدۇر. سىلەر بۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلامسىلەر؟

⑦ بىرى ئىسسىق، يەنە بىرى سوغۇق بولغان ئىككى مەشرىقنىڭ رەببىدۇر، شۇنىڭدەك ئىككى مەغرىبنىڭ رەببىدۇر. شۇ ۋەجىدىن مەشرىق بىلەن مەغرىب بۇ يەردە ئىككىلىك شەكلىدە كەلتۈرۈلدى. پەسىل ئېتىبارى بىلەن مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ پەرقلىق بولۇشىدا جىنلار بىلەن ئىنسانلارغا كۆپ پايدا - مەنپەئەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇلارمۇ نېمەتلەر جۈملىسىدىن سانالدى.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿١٨﴾ مَرَجَ ٱلْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ ﴿١٩﴾
بَيْنَهُمَا بَرْزَخٌ لَّا يَبْغِيَانِ ﴿٢٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢١﴾
يَخْرُجُ مِنْهُمَا ٱللُّؤْلُؤُ وَٱلْمَرْجَانُ ﴿٢٢﴾

***(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [18] ئۇ (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ [19]. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولغاچقا، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ① [20]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [21] ئۇ ئىككى دېڭىزدىن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ② [22].***

① ﴿مَرَجَ﴾ " أَرْسَلَ " ئاققۇزدى مەنىسىدە. بۇ نۇقتا سۈرە فۇرقان 53-ئايەتتە تەپسىلىي بايان قىلىندى. خۇلاسە شۇكى، بۇ يەردىكى

«ئىككى دېڭىز» دېگەندىن، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايرىم-ئايرىم ئىككى مەۋجۇدات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىرى سۈيى تاتلىق دەريالار بولۇپ، ئۇلاردىن ئېقىپ كەلگەن سۇ بىلەن ئىنسانلار ئۆز ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە زىرائەتلىرىنى سۇغىرىدۇ. يەنە بىرى سۈيى تۇزلۇق دېڭىزلاردۇر، ئۇلارنىڭمۇ تۇرلۇك پايدىلىرى بار. بۇ ئىككى سۇ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئىككى سۇنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: تۇزلۇق دېڭىزدا تاتلىق سۇ ئايرىم ئېقىمدا ماڭىدۇ، تۇزلۇق سۇ بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. ھەر بىرى ئۆز يولىدا ئاقىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئۆرنىكى شۇكى، ئاللاھ تائالا تۇزلۇق دېڭىزلارنىڭ بەزى جايلىرىدا تاتلىق سۇ ئاققۇزىدۇ، ئۇ تۇزلۇق سۇ بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. يەنە بىر ئۆرنىكى شۇكى، دېڭىزنىڭ ئۈستىدە تۇزلۇق سۇ بولسا، ئاستىدا تاتلىق سۇ بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە بەزى جايلاردا مەۋجۇتتۇر. ئۈچىنچى ئۆرنىكى شۇكى، سۈيى تاتلىق دەريا ئېقىپ دېڭىزغا كىرگەندە، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، نەچچە كىلومېتىر يەرگىچە تۇزلۇق سۇغا ئارىلىشىپ كەتمەي ئېقىپ ماڭغان. بىر تەرەپتە دەريانىڭ تاتلىق سۈيى يەنە بىر تەرەپتە كەڭرى دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيى ئۇچرىشىپ، ئارىسىدا ھېچ توسما بولمىسىمۇ، ئارىلىشىپ كەتمىگەن. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرغۇچى توسما ياراتقان بولۇپ، ھەر ئىككى سۇ بۇ توسمىدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

② «مارجان» دېگەن ئۇششاق مەرۋايىت ياكى مۇنچاقلارنى كۆرسىتىدۇ. رىۋايەتلەردە، ئاسماندىن يامغۇر ياغقاندا، دېڭىزدىكى قۇلۇللەر ئېغىزلىرىنى ئاچىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە چۈشكەن يامغۇر تامچىلىرى مەرۋايىتقا ئايلىنىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٣﴾ وَلَهُ ٱلْجَوَارِ ٱلْمُنشَـَٔاتُ فِى ٱلْبَحْرِ
كَٱلْأَعْلَـٰمِ ﴿٢٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٥﴾ كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا
فَانٍ ﴿٢٦﴾ وَيَبْقَىٰ وَجْهُ رَبِّكَ ذُو ٱلْجَلَـٰلِ وَٱلْإِكْرَامِ ﴿٢٧﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ
رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٢٨﴾

***(ئـى ئىنسـانلار! جىنـلار!) سـىلەر رەببىڭلارنىـڭ نېمەتلىرىدىـن قايىسـىسىنى ئىنـكار قىلالايسـىلەر؟① [23] دېڭىـزلاردا ئۈزۈۋاتقـان تاغـدەك ئېگىــز كېمىلــەر ئاللاھنىڭــدۇر (يەنــى ئۇنىــڭ نېمىتىــدۇر)② [24]. (ئـى ئىنسـانلار! جىنـلار!) سـىلەر رەببىڭلارنىـڭ نېمەتلىرىدىـن قايىسـىسىنى ئىنكار قىلالايسـىلەر؟③ [25] يەرنىـڭ ئۈسـتىدىكى ھەركىم (ۋە ھەممــە نەرســە) يوقالغۇچىــدۇر [26]. ئـەڭ بۈيـۈك ۋە كەرەملىـك رەببىڭنىـڭ زاتـى مەڭگـۈ قالىـدۇ [27]. (ئـى ئىنسـانلار! جىنـلار!) سـىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايىسىسىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟④ [28]***

① بـۇ مـەرۋايـىـت بـىـلـەن مـارجان ئـىـنـسـانـغا ھۆسـن-جـامـال بېغىشـلىغۇچى زىـنـنـەت بۇيۇملىرىدۇر. گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغانلار ۋە قـول ئىلكىدە بـار كىشـىـلـەر ئـۇ زىـنـنـەت بۇيۇملىرىنى ياسىنىش ۋە گۈزەللىككە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زىبۇزىننەتمۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىندۇر.

② ﴿الْجَوَارِ﴾ " جَارِيَةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى، مېڭىپ تۇرغۇچى، ئېقىپ تۇرغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، جۈملىدىن قالدۇرۇلغان «كېمىلەر» دېگەن سۆپەتلەنگۈچىنىڭ سۈپىتىدۇر. ﴿الْمُنْشَئَتُ﴾ " مَرْفُوْعَاتٌ " ئېگىزلىتىلگەن نەرسىلەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، كېمىلەرنىڭ ئۈستىگە ئېگىزلىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەلكەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى: ئېگىز يەلكەنلىك كېمىلەر دېگەن بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى " مَصْنُوْعَاتٌ " دېگەن مەنىدە ئېلىپ، ئاللاھ دېڭىزدا ماڭىدىغان قىلىپ ياسىغان ياكى ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن كىشىلەر ياسىغان كېمىلەر دەپ ئىزاھلىغان. دېمەك ئاللاھنىڭ بەندىلەر مەنپەئەتى ئۈچۈن دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە دېڭىز يۈزىدە ئېگىز كېمىلەرنى بىخەتەر ماڭىدىغان قىلىپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىندۇر.

③ بـۇ كېمىلـەر ئارقىلىـق سـەپەر قىلىـش ۋە يـۈك توشۇشـتىكى قۇلايلىقلارنى بايان قىلىش ھاجەتسىز. چۈنكى، بۇلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىندۇر.

④ دۇنيـا تامـام بولغاندىـن كېيىـن مۇكاپـات ۋە جـازا بېرىلىدىغـان قىيامـەت قايىـم بولىـدۇ. زۇلـۇم قىلغۇچىـلار ۋە زۇلـۇم قىلىنغۇچىـلار ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇمۇ ئاللاھ

تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر بەجا كەلتۈرۈش لازىمدۇر.

يَسْـَٔلُهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ كُلَّ يَوْمٍ هُوَ فِى شَأْنٍ ﴿٢٩﴾ فَبِأَىِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٠﴾ سَنَفْرُغُ لَكُمْ أَيُّهَ ٱلثَّقَلَانِ ﴿٣١﴾ فَبِأَىِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٢﴾ يَـٰمَعْشَرَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ إِنِ ٱسْتَطَعْتُمْ
أَن تَنفُذُوا۟ مِنْ أَقْطَارِ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ فَٱنفُذُوا۟ ۚ لَا تَنفُذُونَ إِلَّا
بِسُلْطَـٰنٍ ﴿٣٣﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٤﴾ يُرْسَلُ عَلَيْكُمَا
شُوَاظٌ مِّن نَّارٍ وَنُحَاسٌ

*ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھتىن (مەدەت ۋە رىزىق) تىلەيدۇ (يەنى ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر)①، ئاللاھ ھەر كۈنى بىر ئىش بىلەن بولۇپ تۇرىدۇ (يەنى ئاللاھ ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ رەب سۈپىتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ)② [29]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟③ [30] ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! پات يېقىندا (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن مۇكەممەل شەكىلدە) سىلەرگە يۈزلىنىمىز④ [31]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [32] ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار⑤، (ئاللاھىدە بىر) قۇدرەت بولمىغۇچە ئۆتۈپ كېتەلمەيسىلەر (سىلەرگە نەدە ئۇنداق قۇدرەت؟)⑥ [33]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [34] (قىيامەت كۈنى) سىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى ئەۋەتىلىدۇ⑦،*

① بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر. مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۇنىڭدىنلا ھاجىتىنى سورايدۇ.

② «ھەر كۈنى» دېگەن ھەر ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. ﴿شَأۡنٍ﴾ بىر ئىش ۋە مەشغۇلات. يەنى ئاللاھ ھەر ۋاقىت بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەر ۋاقىت بىرىنى بىمار قىلىۋاتقان، يەنە بىرىگە شىپالىق ئاتا قىلىۋاتقان بولىدۇ، بىرىنى باي قىلىۋاتقان، بىرىنى كەمبەغەل قىلىۋاتقان، گادايىنى شاھ، شاھنى گاداي قىلىۋاتقان، كىملەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىۋاتقان، يەنە كىملەرنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەن قىلىۋاتقان، بەزىلەرنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋاتقان، بەزىلەرنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا چىقىرىۋاتقان بولىدۇ. دېمەك كائىناتتىكى بارلىق ئىشلار ئۇنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا، ئۇنىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ۋە چىقىۋاتىدۇ. ئۇ كېچە بولسۇن، كۈندۈز بولسۇن كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مۇددەتمۇ بىكار تۇرۇپ قالمايدۇ. ﴿ئۇ دائىم تىرىكتۇر، ھەممە مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنى مۈگدەكمۇ باسمايدۇ، ئۇيقۇمۇ باسمايدۇ﴾. (سۈرە بەقەرە 255-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

③ شۇ قەدەر بۈيۈك زاتنىڭ ھەر ۋاقىت بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇشى ھەقىقەتەن كاتتا نېمەتتۇر.

④ بۇنىڭ مەنىسى، ھازىر ئاللاھ بەك ئالدىراش، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ بىر خىل ئىدىئوملۇق ئىبارە بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت پەقەتلا ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. «ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى» بۇ يەردە ﴿الثَّقَلَانِ﴾ ئىككى يۈك كۆتۈرگۈچى دەپ ئاتالدى. سەۋەبى شۇكى، بۇلاردىن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ، باشقا مەخلۇقلارغا يۈكلەنمەيدۇ.

⑤ بۇ تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشمۇ بىر نېمەتتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن يامان ئىش قىلغۇچى يامانلىقتىن قولىنى تارتىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچى تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئىش قىلىدۇ.

⑥ يەنى سىلەر ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسىدىن قېچىپ بىرەر جايغا كېتەلىسەڭلار، كېتىڭلار، لېكىن ئۇ قەدەر كۈچ-قۇدرەت كىمدە بار؟ قېچىپ ئاخىرى نەگە بارىسىلەر؟ !ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇش!

دائىرىسىدىن تاشقىرى بىرەر جاي بارمۇ؟ !بۇ تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشمۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش بىر نېمەتتۇر. بەزى مۆپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ سۆزلەر ئۆلارغا مەھشەر مەيدانىدا دېيىلىدۇ، ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر ئىنسانلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ ئالغان بولىدۇ. ھەر ئىككى ئۆقۇم ئۆز جايىدا توغرىدۇر.

⑦ دېمەك ئەگەر سىلەر قىيامەت كۈنى بىرەر يەرگە قېچىپ كەتسەڭلەرمۇ، پەرىشتىلەر سىلەرگە ئوت يالقۇنى ۋە تۈتۈن قويۇپ بېرىپ ياكى ئېرىتىلگەن مىسنى بېشىڭلارغا ئېتىپ، سىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ﴿نُحَاسٌ﴾ تۈتۈن مەنىسىدىمۇ، ئېرىتىلگەن مىس مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ.

فَلَا تَنتَصِرَانِ ﴿٣٥﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٦﴾ فَإِذَا ٱنشَقَّتِ
ٱلسَّمَآءُ فَكَانَتْ وَرْدَةً كَٱلدِّهَانِ ﴿٣٧﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٨﴾
فَيَوْمَئِذٍ لَّا يُسْـَٔلُ عَن ذَنۢبِهِۦٓ إِنسٌ وَلَا جَآنٌّ ﴿٣٩﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ
رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٠﴾ يُعْرَفُ ٱلْمُجْرِمُونَ بِسِيمَٰهُمْ فَيُؤْخَذُ
بِٱلنَّوَٰصِى وَٱلْأَقْدَامِ ﴿٤١﴾ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٢﴾ هَٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِى
يُكَذِّبُ بِهَا ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٤٣﴾

***(ئۇ چاغدا) سىلەر ئۆزۈڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر① [35]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [36] (قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن) ئاسمان يېرىلغان چاغدا ئاسمان (دوزاخنىڭ قىزىللىقىدىن) قىزىل چەمدەك، قىزىل گۈلدەك بولۇپ قالىدۇ② [37]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [38] (گۇناھكارلارنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرى بولغانلىقتىن) بۇ كۈندە ئىنسان ۋە جىننىڭ (گۇناھلىرىدىن) ھېچبىرى ئۆزىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا سوراق قىلىنمايدۇ③ [39]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [40] گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ***

***(يۈزلىرى قارا، كۆزلىرى كۆك بولۇشتىن ئىبارەت) بەلگىلىرىدىن تونۇلىدۇ④، ئۇلار كوكۇلىسىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇلىدۇ (ۋە جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ)⑤ [41]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [42] مانا بۇ، گۇناھكارلار ئىنكار قىلىپ كەلگەن جەھەننەمدۇر (دېيىلىدۇ) [43].***

① يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىنى كېچىكتۈرۈشكە قادىر بولالمايسىلەر.

② قىيامەت كۈنى ئاسمان يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر زېمىنغا چۈشىدۇ. ئۇ كۈندە ئاسمان دوزاخنىڭ قىزىق ھارارىتىدىن ئېرىپ، گويا قىزىل چەمەننىڭ رەڭگىدەك بولۇپ كېتىدۇ. ﴿الدِّهَانِ﴾ قىزىل چەم دېگەن مەنىدە.

③ يەنى ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىققان ۋاقىتتا گۇناھلىرىدىن سورالمايدۇ، ئەمما ئۇلار ھەيدىلىپ ھېساب مەيدانىغا توپلانغان چاغدا سورىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۇلاردىن گۇناھلىرى ھەققىدە سورالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرى پەرىشتىلەرنىڭ دەپتەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن بولىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلاردىن بۇ گۇناھلارنى نېمە ئۈچۈن قىلدىڭلار؟ دەپ سورىلىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇلاردىن سورالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ پۇت-قول قاتارلىق ئەزالىرى ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

④ يەنى مۇئمىنلەرنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ تاھارەت ئەزالىرى ئاپئاق پارقىراپ تۇرىدۇ. گۇناھكارلارنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارا، كۆزلىرى كۆك، چىرايىدىن ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

⑤ يەنى پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى بىلەن پۇتلىرىنى يىغىپ تۇتىدۇ ۋە دوزاخقا تاشلايدۇ. يەنە بىر مەنىسى، پەرىشتىلەر بەزىدە گۇناھكارلارنىڭ كوكۇلىسىدىن، بەزىدە پۇتلىرىدىن تۇتىدۇ.

يَطُوفُونَ بَيْنَهَا وَبَيْنَ حَمِيمٍ ءَانٍ ﴿٤٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا

تُكَذِّبَانِ ﴿٤٥﴾ وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ جَنَّتَانِ ﴿٤٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ
رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٧﴾ ذَوَاتَآ أَفْنَانٍ ﴿٤٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٤٩﴾ فِيهِمَا عَيْنَانِ تَجْرِيَانِ ﴿٥٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٥١﴾ فِيهِمَا مِن كُلِّ فَٰكِهَةٍ زَوْجَانِ ﴿٥٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٥٣﴾

***ئۇلار دوزاختا قايناپ تۇرغان سۇ بىلەن ئوت ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ (يەنى گاھىدا ئوت بىلەن، گاھىدا قايناقسۇ بىلەن ئازابلىنىپ تۇرىدۇ)① [44]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [45] رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇرۇشتىن قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار② [46]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [47] ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار③ [48]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [49] ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار④ [50]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [51] ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار⑤ [52]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [53]***

① يەنى ئۇلار گاھىدا دوزاخ ئوتى بىلەن ئازابلىنىدۇ، گاھىدا ئۇلارغا قاتتىق قايناق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ. ﴿آنٍ﴾ «قىزىق» دېمەكتۇر. بۇ يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچەيلىرىنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ. (ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن)

② ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قاچىلىرى ۋە باشقا نەرسىلىرى كۈمۈشتىن بولغان ئىككى جەننەت بار، قاچىلىرى ۋە باشقا نەرسىلىرى ئالتۇندىن بولغان ئىككى جەننەت بار». (سەھىھۇل بۇخارى 4878-ھەدىس) بەزى ئەسەرلەردە، ھەممە نەرسىلىرى ئالتۇندىن

ياسالغان جەننەتكە ﴿الْمُقَرَّبُونَ﴾ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان مۆئمىنلەر كىرىدۇ، ھەممە نەرسىلىرى كۈمۈشتىن ياسالغان جەننەتكە ﴿ أَصْحَٰبُ الْيَمِينِ﴾ نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىدىن بېرىلگەن ئومۇمىي مۇسۇلمانلار كىرىدۇ، دېيىلگەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ يەنى ئۇ دەرەخلەرنىڭ بۈك-باراقسان شاخلىرى ئەتراپقا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، مېۋىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەر شاختا تۇرغۇن پىشقان مېۋىلەر ساڭگىلاپ تۇرغان بولۇپ، يېقىنلىقىدىن ئۇزۇپ يېيىش ناھايىتى ئاساندۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ ئۇ ئىككى بۇلاقتىن بىرىنىڭ ئىسمى تەسنىم، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى سەلسەبىلدۇر.

⑤ يەنى تەم ۋە لەززەت ئېتىبارى بىلەن ھەربىر مېۋە ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ خاس پەزلى-كەرىمىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىككى خىل مېۋىنىڭ بىر خىلى قۇرۇق مېۋە، يەنە بىر خىلى ھۆل مېۋە بولىدۇ.

مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ فُرُشٍۭ بَطَآئِنُهَا مِنْ إِسْتَبْرَقٍۚ وَجَنَى ٱلْجَنَّتَيْنِ دَانٍ ﴿٥٤﴾
فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٥﴾ فِيهِنَّ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرْفِ لَمْ
يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَآنٌّ ﴿٥٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٥٧﴾ كَأَنَّهُنَّ ٱلْيَاقُوتُ وَٱلْمَرْجَانُ ﴿٥٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٥٩﴾

***ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ① ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ئادەممۇ ئۈزەلەيدىغان دەرىجىدە) يېقىندۇر② [54]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [55] ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان③ ، ئىلگىرى ھېچبىر ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىغان***

***ھۆرلەر بار④ [56]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [57] ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە ۋە ئاقلىقتا) گويا ياقۇت ۋە مەرۋايىتتۇر⑤ [58]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [59]***

① يەنى تېشىدىكى رەخت ھەمىشە ئەستەردىن ياخشى ۋە چىرايلىق بولىدۇ، بۇ يەردە پەقەت ئەستەر تىلغا ئېلىندى. ئۇنىڭ مەنىسى ئەستەرنىڭ ئۈستىدىكى رەخت تېخىمۇ ئوبدان ۋە ئېسىل بولىدۇ.

② شۇ قەدەر يېقىن بولىدۇكى، ئولتۇرغان ھالدا ھەتتا يېتىپ تۇرۇپمۇ ئۈزۈپ يېگىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ﴾. (سۈرە ھاققە 23-ئايەت)

③ يەنى ئۇلارنىڭ نەزىرى ئەرلىرىدىن باشقىلارغا چۈشمەيدۇ. يەنە جەننەتتە ئۇلارغا ھېچ نەرسە ئەرلىرىدەك چىرايلىق ۋە ياخشى كۆرۈنمەيدۇ.

④ يەنى ئۇلار تەڭتۇش، پاك قىزلار بولۇپ، ئىلگىرى ھېچكىمنىڭ نىكاھىدا بولمىغاندۇر. بۇ ئايەت ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، مۇئمىن جىنلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش جەننەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىنسانلارغا نېمە بېرىلسە، ئۇلارغىمۇ شۇ نەرسىلەر بېرىلىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلارنىڭ سۈزۈكلۈكى ياقۇتتەك، ئاقلىقى ۋە قىزىللىقى مەرۋايىتتەك بولىدۇ. ھەدىستىمۇ ئۇلارنىڭ ھۆسن-جامالى بايان قىلىنغان: «جەننەتتە ھەربىر ئادەمگە گۆش ۋە سۆڭەكلىرىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككى خوتۇن بېرىلىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2834-ھەدىس، سەھىھۇل بۇخارى 3254-ھەدىس) يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئاللاھنىڭ يولىدا (جىھادقا) چىقىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئېرىشكەندىنمۇ ياخشىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئوقياسىنىڭ كىرىچىنىڭ ياكى قامچىسىنىڭ جەننەتتىكى ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئېرىشكەندىنمۇ ياخشىدۇر. جەننەت ئەھلىنىڭ

ئايالللىرىدىن بىرى ئەگەر يەر يۈزىگە چىقىرىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىنى خۇش پۇراقلارغا تولدۇرۇۋەتكەن ۋە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىكى ھەممە جاي يورۇپ كەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيگەن لېچەكى شۇ قەدەر قىممەتلىك بولۇپ، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 2796-ھەدىس)

هَلۡ جَزَآءُ ٱلۡإِحۡسَٰنِ إِلَّا ٱلۡإِحۡسَٰنُ ﴿٦٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٦١﴾ وَمِن دُونِهِمَا جَنَّتَانِ ﴿٦٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٦٣﴾ مُدۡهَآمَّتَانِ ﴿٦٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٥﴾
فِيهِمَا عَيۡنَانِ نَضَّاخَتَانِ ﴿٦٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٧﴾
فِيهِمَا فَٰكِهَةٞ وَنَخۡلٞ وَرُمَّانٞ ﴿٦٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٩﴾
فِيهِنَّ خَيۡرَٰتٌ حِسَانٞ ﴿٧٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧١﴾ حُورٞ
مَّقۡصُورَٰتٞ فِي ٱلۡخِيَامِ ﴿٧٢﴾

***ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر① [60]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [61] ئۇ ئىككى جەننەتتىن باشقا يەنە ئىككى جەننەت بار② [62]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [63] ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر③ [64]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [65] ئۇ ئىككى جەننەتتە بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار④ [66]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [67] ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار⑤ [68]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [69] ئاشۇ جەننەتلەردە گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە چىرايلىق ھۆرلەر بار⑥ [70]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار***

***قىلالايسىلەر؟ [71] ئۇلار (جەننەتتىكى) چېدىرلارنىڭ ئىچىدە مەستۇرە (پەردىلەر ئىچىدە ساقلانغان) ھۆرلەردۇر⑦ [72].***

① ئايەتتىكى بىرىنچى ﴿الْإِحْسَانِ﴾ ياخشىلىق، سالىھ ئەمەل ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى، ئىككىنچى ﴿الْإِحْسَانُ﴾ ئۇنىڭ مۇكاپاتى يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

② بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿دُونِهِمَا﴾ «ئۇ ئىككى جەننەتتىن باشقا» دېگەننى دەلىل كەلتۈرۈپ، بۇ ئىككى جەننەتنىڭ يۇقىرىدىكى 46-ئايەتتە سۆزلەنگەن ئىككى جەننەتتىن ھەشەمەت ۋە دەرىجە جەھەتتە تۆۋەنرەك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

③ يەنى بۇ ئىككى جەننەتتىكى يېشىللىق، چىمەنزارلىق ۋە دەل-دەرەخلەرنىڭ كۆپلىكىدىن رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ.

④ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككى بۇلاقتىن سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدۇ، سۇنىڭ ئېقىپ تۇرۇشى بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرغاندىن ياخشىدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ يۇقىرىقى ئىككى جەننەتنىڭ سۆپىتىدە ﴿ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار﴾ دېيىلگەن ئىدى. دېمەك يۇقىرىدىكى ئىككى جەننەتتىكى ھەشەمەت، دەرىجە ۋە ئالاھىدىلىكلەر كېيىنكى ئىككى جەننەتتە يوق.

⑥ ﴿خَيْرَاتٌ﴾ دېگەن يۈكسەك ئەخلاق پەزىلەتكە ئىگە. ﴿حِسَانٌ﴾ ھۆسن-جامالدا يۈكسەك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

⑦ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتتە ھەربىر مۇئمىن ئۈچۈن ئۇزۇنلۇقى 60 مىل كېلىدىغان كاۋاك مەرۋايىتتىن ياسالغان بىر چېدىر (ئارامگاھ) بولىدۇ، ئۇ چېدىرنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭىدا شۇ مۇئمىنگە بېرىلگەن ھۆرلەر بار بولۇپ، ئۇ ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرۈپ قالمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4879-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2838-ھەدىس)

فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٣﴾ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا
جَآنٌّ ﴿٧٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٥﴾ مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ رَفْرَفٍ
خُضْرٍ وَعَبْقَرِيٍّ حِسَانٍ ﴿٧٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٧﴾
تَبَٰرَكَ ٱسْمُ رَبِّكَ ذِى ٱلْجَلَٰلِ وَٱلْإِكْرَامِ ﴿٧٨﴾

***(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [73] ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچبىر ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىغان [74]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ [75] ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق بىساتلارغا يۆلەنگەن ھالدا (ئولتۇرىدۇ ۋە راھەتلىنىدۇ)① [76]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟② [77] ئەڭ بۈيۈك ۋە كەرەملىك رەببىڭنىڭ نامى مۇبارەكتۇر③ [78].***

① ﴿رَفْرَفٍ﴾ يۆلەنچۈك، ياستۇق ياكى ئېسىل سېلىنچا. ﴿عَبْقَرِيٍّ﴾ ھەر قانداق بىر نەپىس ۋە پۇختا ئىشلەنگەن نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۈپەتلىگەندە بۇ سۆزنى ئىشلىتىپ، مۇنداق دېگەن: " فَلَمْ أَرَ عَبْقَرِيًّا يَفْرِىْ فَرْيَهُ " مەن ئۆمەردەك پۇختا ئىش قىلىدىغان زېرەك ئادەمنى كۆرمىدىم. (سەھىھۇل بۇخارى 3682-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2393-ھەدىس) دېمەك جەننەتتىكىلەر ئۈستىگە ئېسىل يوپۇقلار يېپىلغان تەختلەردە يېشىل ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

② بۇ ئايەت بۇ سۈرىدە 31 قېتىم تەكرارلاندى. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە ئۆزىنىڭ تۈرلۈك نېمەتلىرىنى بايان قىلدى. ھەربىر نېمەت ياكى بىر قانچە نېمەتلەردىن كېيىن بۇ سوئالنى سورىدى، ھەتتا قورقۇنچلۇق مەھشەر مەيدانى ۋە دوزاخ ئازابى تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ بۇ سوئالنى سورىدى، بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئۇقۇم ئايان بولىدى: بىرىنچىسى، ئازابتىن ئۆزىنى ساقلىماقچى بولغانلار تىرىشىپ، ئۆزىنى ساقلىۋالسۇن دەپ ئاخىرەتنىڭ ئەھۋالىنى ياد ئەتكۈزۈشمۇ بۈيۈك نېمەتتۇر.

ئىككىنچىسى، بۇنىڭدىن يەنە مەلۇم بولدىكى، جىنلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقلاردۇر، ھەتتا ئۇلار ئىنسانلاردىن قالسا، ئىككىنچى مەخلۇق بولۇپ، ئۇلارغىمۇ ئەقىل-ئىدراك ۋە ھېس-تۇيغۇ ئاتا قىلىنغان، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن پەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغان. بارلىق مەخلۇقات ئىچىدە مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك مەخلۇققا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش پەرز قىلىنغان، مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن، ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە تاللاش ئىختىيارى بېرىلگەندۇر. ئۈچىنچىسى، نېمەتلەر باياندىن شۇ نەرسە ئىسپاتلاندىكى، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىش جايىز ۋە مۇستەھەبتۇر. بۇ بەزى تەسەۋۋۇپ ئەھلى دەۋا قىلغاندەك زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىققا خىلاپ ئەمەس، ئاللاھ بىلەن بولغان يېقىنلىق ۋە مۇناسىۋەتكىمۇ توسالغۇ بولمايدۇ. تۆتىنچىسى، ﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىدىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟﴾ دېگەن سوئال جۈملىسىنىڭ قايتا-قايتا تەكرارلانغانلىقى كايىش ھەم ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت مەزكۇر نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا ناپەرمانلىق قىلىشنى چەكلەشتىن ئىبارەت. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇشنى ياخشى كۆرگەن: "لَا بِشَيْءٍ مِنْ نِعَمِكَ رَبَّنَا نُكَذِّبُ، فَلَكَ الْحَمْدُ". «ئى رەببىمىز! سېنىڭ نېمەتلىرىڭدىن ھېچبىرىنى ئىنكار قىلمايمىز، جىمى ھەمدۇسانا ساڭا مەنسۇپتۇر». (سۇنەنى تىرمىزى 3291-ھەدىس)

③ ﴿تَبَٰرَكَ﴾ بەرىكەت (مۇبارەك) دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، داۋاملىق ۋە ئىزچىل بەرىكەتلىك دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك ئۇنىڭ نامى داۋاملىق باقى قالىدۇ، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى خەزىنىلەر مەڭگۈ قالىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما «ئەڭ بۈيۈك ۋە كەرەملىك» دېگەن سۆزلەرنى بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ دەپ تەپسىر قىلغان. ئاللاھنىڭ نامىمۇ شۇ قەدەر بەرىكەتلىك، بۈيۈك ۋە ئۇلۇغدۇر، ئۇنىڭ زاتىمۇ شۇ قەدەر بەرىكەتلىك، بۈيۈك ۋە ئۇلۇغدۇر.

# سۈرە ۋاقىئە

| (٥٦) سورة الواقعة مكية ٩٦ آية | (56) سۈرە ۋاقىئە مەككىدە چۈشكەن 96 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِذَا وَقَعَتِ ٱلْوَاقِعَةُ ۝١ لَيْسَ لِوَقْعَتِهَا كَاذِبَةٌ ۝٢ خَافِضَةٌ رَّافِعَةٌ ۝٣

***قىيامەت قايىم بولغان چاغدا① [1]، ئۇنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ [2]. قىيامەت (بەزىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرگۈچىدۇر، (بەزىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) كۆتۈرگۈچىدۇر② [3].***

★ سۈرە ۋاقىئە "سُوْرَةُ الغِنَى" «بايلىق سۈرىسى» دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇر بولغان بولۇپ، كىمكى بۇ سۈرىنى ھەر ئاخشىمى ئوقۇسا، ھەرگىز كەمبەغەل بولۇپ قالمايدۇ، دېيىلىدۇ. لېكىن، بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ئىشەنچلىك ھەدىس كەلمىگەن. ھەر ئاخشىمى ئوقۇش ۋە بالىلارغا تەلىم بېرىش ھەققىدىكى ھەدىسمۇ ئاجىز ھەتتا ماۋزۇ (ئويدۇرما) ھەدىسلەر جۈملىسىدىندۇر. (ئاجىز ھەدىسلەر توپلىمى، ئەلبانى، 91-، 29-ھەدىس، 1-توم، 305-بەت)

① ﴿وَاقِعَةُ﴾ «يۈز بەرگۈچى» ۋەقە دېگەن بۇ سۆزمۇ قىيامەتنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ چوقۇم يۈز بېرىدىغان ۋەقە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

② «چۇشۇرگۈچىدۇر» يەنى خار قىلغۇچىدۇر، «كۆتۈرگۈچىدۇر» يەنى ئەزىز قىلغۇچىدۇر. دېمەك ئاللاھ تائالا ئىتائەتمەن بەندىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ، ئىتائەت قىلمىغانلارنىڭ دەرىجىسىنى چۈشۈرىدۇ، گەرچە دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئەكسىچە بولسىمۇ. ئاخىرەتتە مۆئمىنلەر ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار خار ۋە زەبۇن بولىدۇ.

إِذَا رُجَّتِ ٱلْأَرْضُ رَجًّا ﴿٤﴾ وَبُسَّتِ ٱلْجِبَالُ بَسًّا ﴿٥﴾ فَكَانَتْ هَبَآءً
مُّنۢبَثًّا ﴿٦﴾ وَكُنتُمْ أَزْوَٰجًا ثَلَٰثَةً ﴿٧﴾ فَأَصْحَٰبُ ٱلْمَيْمَنَةِ مَآ أَصْحَٰبُ
ٱلْمَيْمَنَةِ ﴿٨﴾ وَأَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ مَآ أَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ ﴿٩﴾ وَٱلسَّٰبِقُونَ
ٱلسَّٰبِقُونَ ﴿١٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلْمُقَرَّبُونَ ﴿١١﴾ فِى جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿١٢﴾ ثُلَّةٌ مِّنَ
ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٣﴾ وَقَلِيلٌ مِّنَ ٱلْـَٔاخِرِينَ ﴿١٤﴾

***زېمىن شىددەتلىك تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچە - پارچە بولۇپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا① (يەنى قىيامەت بولغان چاغدا)، سىلەر ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنىسىلەر② [4-7]. (بىرىنچى پىرقە) نامە - ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار نېمىدېگەن بەختلىك ئادەملەر!③ [8]. (ئىككىنچى پىرقە) نامە - ئەمەلى سول قولىغا بېرىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار نېمىدېگەن بەختسىز ئادەملەر!④ [9]. (ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلاردا) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار مۇكاپاتلىرىنى ئېلىشتىمۇ) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلاردۇر⑤ [10]. ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلاردۇر [11 - 12]. بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر⑥ [13-14].***

① ﴿ رَجًّا ﴾ تىترەش، تەۋرەش. ﴿ بَسًّا ﴾ پارچە-پارچە بولۇپ توزۇپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

② ﴿أَزْوَاجًا﴾ " أَصْنَافًا " سىنىپ، پىرقە دېگەن مەنىدە.

③ بۇنىڭدىن نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغان ئومۇمىي مۇئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ سائادەتمەنلەردىن ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

④ بۇنىڭدىن نامە-ئەمەلى سول قولىغا تۇتقۇزۇلىدىغان كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ بۇنىڭدىن ئۈچىنچى قىسىمدىكى ئىلغار مۇئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئىماننى قوبۇل قىلىشتا ھەممىنىڭ ئالدىدا بولىدىغانلار، ياخشى ئەمەللەرنى بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغانلار، خەيرلىك ئىشلارغا ئاكتىپچانلىق بىلەن قاتنىشىدىغانلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆز دەرگاھىدا ئالاھىدە ئورۇن ۋە ئېسىل مەرتىۋە ئاتا قىلىدۇ. بۇ يەردە ھەر بەندە ئۆزىنىڭ نىيىتى ۋە قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا شان-شەرەپ ۋە يۇقىرى دەرىجىگە نائىل بولىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

⑥ ﴿ ثُلَّةٌ﴾ دېگەن سانى مۇمكىن بولمايدىغان چوڭ توپنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ﴿ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر﴾ دېگەندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن ئۇممەتلەر. ﴿كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر﴾ دېگەندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ ئىچىدە ﴿السّٰبِقُوْنَ﴾ ياخشى ئىشنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ زامانى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، نەچچە مىڭلىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ﴿السّٰبِقُوْنَ﴾ ياخشى ئىشنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلارنىڭ سانىنى قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنىڭ سانىغا سېلىشتۇرغاندا ئازدۇر. شۇ ۋەجىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنىڭ ئىچىدىكى ياخشى ئىشنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلارنىڭ سانىمۇ ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە نىسبەتەن ئاز بولىدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك-شۈبھىسىزكى، مەن جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمىنىڭ سىلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن». (سەھىھ مۇسلىم 221-ھەدىس) بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئايەتتىكى ئۇقۇمغا زىت ئەمەس. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنىڭ ئىچىدىكى «ياخشى ئىشنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار» بىلەن ئومۇمىي مۇئمىنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ھېسابلىغاندا جەننەتكە كىرىدىغان بارلىق ئۇممەتلەرنىڭ يېرىمى بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن

پەقەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ياخشى ئىشنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلارنىڭ سانى ھەدىستە بايان قىلىنغان سانغا زىت كەلمەيدۇ. ئەمما بۇ قاراشمۇ كەسكىن ئەمەس. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىكى ياخشى ئىشنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئىلگىرىكىلىرىنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلىرىنىڭ ئىچىدە ئازدۇر. ئىمام ئىبنى كەسىرمۇ مۇشۇ قاراشنى ئەڭ توغرا دەپ قارىغان. بۇ ھەممىدىن توغرا قاراشتۇر. چۈنكى، بۇ ئايەت ﴿فِيْ جَنّٰتِ النَّعِيْمِ﴾ ﴿ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە﴾ دېگەن ئىبارە بىلەن ﴿عَلٰى سُرُرٍ مَّوْضُوْنَةٍ﴾ ﴿ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا﴾ دېگەن ئىبارىنىڭ ئارىسىدا كەلگەن قىستۇرما جۈملىدىن ئىبارەت.

عَلَىٰ سُرُرٍ مَّوْضُونَةٍ ﴿١٥﴾ مُّتَّكِـِٔينَ عَلَيْهَا مُتَقَٰبِلِينَ ﴿١٦﴾ يَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَٰنٌ مُّخَلَّدُونَ ﴿١٧﴾ بِأَكْوَابٍ وَأَبَارِيقَ وَكَأْسٍ مِّن مَّعِينٍ ﴿١٨﴾ لَّا يُصَدَّعُونَ عَنْهَا وَلَا يُنزِفُونَ ﴿١٩﴾ وَفَٰكِهَةٍ مِّمَّا يَتَخَيَّرُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَحْمِ طَيْرٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ ﴿٢١﴾

***ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ① [16 ـ 15]. (قىرىماي) ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار (مۇلازىم بالىلار)②، ئىقىپ تۇرىدىغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا (خىزمەت ئۈچۈن) ئايلىنىپ تۇرىدۇ [18 ـ 17]. ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەست بولمايدۇ③ [19]. ئۇلارغا خالىغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بار [21 ـ 20].***

① ﴿مَوْضُوْنَةٍ﴾ ياسالغان، توقۇلغان. يەنى مەزكۇر جەننەت ئەھلى ئالتۇندىن ياسالغان ۋە ئالتۇن يىپتىن توقۇلغان تەختلەرنىڭ ئۈستىدە

مامۇق ياستۇقلارغا يۆلەنگەن ھالدا، بىر-بىرىگە ئارقىسىنى قىلىشماستىن، بەلكى روبىرو قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

② يەنى ئۇ مۇلازىم باللار قېرىپ قالمايدۇ، يېشى چوڭ بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قەددى-قامىتى ۋە گۈزەللىكىدە ھېچ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بەلكى، ھەمىشە بىر خىل سۈپەتتە، بىر ياشتا تۇرىدۇ يەنى كىچىك بالا ھالىتىدە تۇرىدۇ.

③ " صُدَاعٌ " دېگەن شاراب ۋە مەست قىلغۇچى چېكىملىك سەۋەبىدىن باش ئاغرىشىنى كۆرسىتىدۇ. " انْزَافٌ " دېگەن ھوشىنى يوقاتقانلىقتىن ئەقلىدىن ئازغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيادىكى شارابنى ئىچكەندە بۇ ئىككى خىل ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ئەمما، ئاخىرەتنىڭ شارابى ئىچكۈچىگە خۇشاللىق ۋە شېرىن لەززەت بېغىشلايدۇ. خۇدىنى يوقاتمايدۇ، مەست قىلمايدۇ، باش ئاغرىتمايدۇ. ﴿مَعِينٍ﴾ قۇرۇپ قالمايدىغان بۇلاق دېمەكتۇر.

وَحُورٌ عِينٌ ﴿٢٢﴾ كَأَمْثَـٰلِ ٱللُّؤْلُوِ ٱلْمَكْنُونِ ﴿٢٣﴾ جَزَآءًۢ بِمَا كَانُوا۟
يَعْمَلُونَ ﴿٢٤﴾ لَا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا تَأْثِيمًا ﴿٢٥﴾ إِلَّا قِيلًا سَلَـٰمًا
سَلَـٰمًا ﴿٢٦﴾ وَأَصْحَـٰبُ ٱلْيَمِينِ مَآ أَصْحَـٰبُ ٱلْيَمِينِ ﴿٢٧﴾ فِى سِدْرٍ
مَّخْضُودٍ ﴿٢٨﴾

***ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدە ساقلانغان گۆھەرگە ئوخشايدىغان① شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بار [23 ـ 22]. بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر [24]. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە گۇناھ بولىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام! سالام!» دېگەن (يەنى ھۇزۇر ۋە ئامان ـ ئېسەنلىك بېغىشلايدىغان) سۆزنىلا ئاڭلايدۇ② [26 ـ 25]. نامە ـ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر نېمىدېگەن بەختلىك كىشىلەر!③ [27]. ئۇلار تىكەنسىز سىدرى دەرەخلىرىنىڭ، مېۋىسى سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرەخلىرىنىڭ، دائىملىق سايىلارنىڭ④، ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلارنىڭ، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مول مېۋىلەرنىڭ ئارىسىدا⑤،***

① ﴿الْمَكْنُوْنِ﴾ يوشۇرۇپ ساقلانغان، ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەن، تولۇپ‌ـچاڭ قونمىغان، پاك‌ـپاكىزە، ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان دېگەن مەنىدە.

② يەنى دۇنيادا كىشىلەر ئارىسىدا جېدەل‌ـماجىرا بولۇپ تۇرىدۇ، ھەتتا ھەدە‌ـسىڭىللارمۇ جېدەلنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. مۇشۇنداق ئىختىلاپ ۋە ماجىرالار سەۋەبىدىن دىللاردا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بىر‌ـبىرىنى يامان كۆرىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان، غەيۋەتنى قىلىدىغان، ھەسەت قىلىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما، جەننەتتە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەخلاقسىز قىلمىشلار ۋە ئىللەتلەر ھەرگىز بولمايدۇ، جەننەت ئەھلى ئۇنداق قىلمىشلاردىن پاك بولىدۇ، ھەتتا ئۇ يەردە سالام! سالام! دېگەن سۆزنىلا ئاڭلايدۇ. بۇ سالام ئۇلارغا پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ۋە باشقا جەننەت ئەھلىدىن كېلىپ تۇرىدۇ. دېمەك ئۇ يەردە ھۆرمەت ۋە سالامدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. دۇنيادىكى خىلى ئوبدان كىشىلەرمۇ ساقلىنالمايدىغان دىل ۋە تىل ئازارى ۋە رەنجىشلەر بولمايدۇ.

③ بۇ يەرگىچە ياخشى ئىشنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار ﴿الْمُقَرَّبُوْنَ﴾ «ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلار»نىڭ جەننەتتىكى ئەھۋالى بايان قىلىنغان ئىدى. ئەمدى ﴿أَصْحٰبُ الْيَمِيْنِ﴾ «نامە ـ ئەمەلى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان سائادەتمەنلەر» دەپ ئاتالغان ئومۇمىي مۇئمىنلەر جەننەتتە قانداق ئەھۋالدا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

④ بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتىكى بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە ئۇلاغقا مىنگەن كىشى **100** يىل يۈرسىمۇ، ئۇنىڭ سايىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ بولالمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى **4881**‌ـھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **2827**‌ـھەدىس)

⑤ يەنى بۇ مېۋىلەر مەۋسۇملۇق ئەمەس. جەننەتتە مەۋسۇمى ئۆتۈپ كەتسە، مېۋە بولمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. دېمەك، مېۋىلەر پەسىل، مەۋسۇم، ھاۋا كىلىماتىغا باغلىق ئەمەس، بەلكى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

وَطَلۡحٖ مَّنضُودٖ ﴿٢٩﴾ وَظِلّٖ مَّمۡدُودٖ ﴿٣٠﴾ وَمَآءٖ مَّسۡكُوبٖ ﴿٣١﴾ وَفَٰكِهَةٖ
كَثِيرَةٖ ﴿٣٢﴾ لَّا مَقۡطُوعَةٖ وَلَا مَمۡنُوعَةٖ ﴿٣٣﴾ وَفُرُشٖ مَّرۡفُوعَةٍ ﴿٣٤﴾ إِنَّآ
أَنشَأۡنَٰهُنَّ إِنشَآءٗ ﴿٣٥﴾ فَجَعَلۡنَٰهُنَّ أَبۡكَارًا ﴿٣٦﴾ عُرُبًا أَتۡرَابٗا ﴿٣٧﴾
لِّأَصۡحَٰبِ ٱلۡيَمِينِ ﴿٣٨﴾ ثُلَّةٞ مِّنَ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٩﴾ وَثُلَّةٞ مِّنَ ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿٤٠﴾
وَأَصۡحَٰبُ ٱلشِّمَالِ مَآ أَصۡحَٰبُ ٱلشِّمَالِ ﴿٤١﴾

***ئېگىز (ئالىي) تۆشەكلەر ئۈستىدە بولىدۇ① [34 ـ 28]. شەكسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق② [35]. ئۇلارنى (ھەمىشە) قىزلىق ھالىتىدە تۇرىدىغان قىلدۇق [36]. ئۇلارنى ئەرلىرىگە ئامراق، بىر ـ بىرى بىلەن تەڭتۇش قىلدۇق③ [37]. بۇ (ئىنئاملار) نامە ـ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن (سائادەتمەن)لەر ئۈچۈندۇر [38]. بۇلار بولسا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپ جامائەدۇر④ [39]. كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ كۆپ جامائەدۇر⑤ [40]. نامە ـ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەنلەر نېمىدېگەن بەختسىز كىشىلەر! (ئۇلار دوزىخىيلاردۇر)⑥ [41]***

① بەزى مۇپەسسىرلەر «تۆشەكلەر» دېگەندىن ئاياللار. ﴿مَرْفُوْعَةٍ﴾ «ئېگىز» دېگەندىن يۇقىرى مەرتىۋە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

② ﴿أَنْشَأْنٰهُنَّ﴾دىكى ئالماش كۆرسىتىدىغان ئۈچىنچى شەخس گەرچە يېقىندا بولمىسىمۇ، جۈملىنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا جەننەت ئەھلىگە بېرىلىدىغان ئاياللار ۋە ھۆرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھۆرلەر بولسا، ئادەتتىكى ئاياللاردەك تۇغۇلغان بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جەننەتتە ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئالاھىدە يارىتىدۇ. دۇنيادىكى ئاياللارمۇ جەننەت ئەھلىگە خوتۇن قىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ ئاياللار قېرىپ، مومايغا ئايلانغان بولسىمۇ، رەڭگى قارا، چىرايى سەت بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جەننەتتە گۈزەل ھۆسن ـ جامال ئاتا قىلىدۇ ۋە ھەممە ئاياللارنى قىزلىق ھالىتىگە قايتۇرىدۇ. قېرىلار قېرى ھالەتتە، سەت ئاياللارمۇ سەت ھالەتتە قالمايدۇ.

③ ﴿عُرُبًا﴾ " عَرُوْبَةٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ھۆسن ـ جامالى ۋە

باشقا گۈزەللىكلىرى بىلەن ئەرلىرىگە ئامراق ۋە ئېرىمۇ ئۇلارغا ئامراق ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿أَتْرَابًا﴾ " تِرْبٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، تەڭتۇش دېگەن مەنىدە. يەنى جەننەت ئەھلىگە بېرىلىدىغان ھەممە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن تەڭتۇش بولىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك جەننەت ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش 33 ياشتا بولىدۇ. (سۈنەنى تىرمىزى 2545-ھەدىس) يەنە بىر مەنىسى، ئەرلىرى بىلەن ئوخشاش ياشتا بولىدۇ. يەنى ئىككى ئەھۋالنىڭ بىرى بولىدۇ.

④ يەنى بۇ كۆپ جامائە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ياشىغان كىشىلەردىن بولۇشى مۇمكىن ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىكى ئىلگىرىكىلەردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

⑤ يەنى بۇ كۆپ جامائە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن بولغان كېيىنكىلەرنى ياكى ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ كېيىنكىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ بۇلاردىن نامە-ئەمەلى سول قولىدىن تۇتقۇزۇلىدىغان دوزاخقا مەھكۇم بولغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. نامە-ئەمەلىنىڭ سول قولغا تۇتقۇزۇلغانلىقى ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

فِي سَمُومٍ وَحَمِيمٍ ﴿٤٢﴾ وَظِلٍّ مِّن يَحْمُومٍ ﴿٤٣﴾ لَّا بَارِدٍ وَلَا كَرِيمٍ ﴿٤٤﴾
إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَبْلَ ذَٰلِكَ مُتْرَفِينَ ﴿٤٥﴾ وَكَانُوا۟ يُصِرُّونَ عَلَى ٱلْحِنثِ
ٱلْعَظِيمِ ﴿٤٦﴾ وَكَانُوا۟ يَقُولُونَ أَئِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا
لَمَبْعُوثُونَ ﴿٤٧﴾ أَوَءَابَآؤُنَا ٱلْأَوَّلُونَ ﴿٤٨﴾ قُلْ إِنَّ ٱلْأَوَّلِينَ وَٱلْءَاخِرِينَ ﴿٤٩﴾
لَمَجْمُوعُونَ إِلَىٰ مِيقَٰتِ يَوْمٍ مَّعْلُومٍ ﴿٥٠﴾ ثُمَّ إِنَّكُمْ أَيُّهَا ٱلضَّآلُّونَ
ٱلْمُكَذِّبُونَ ﴿٥١﴾ لَءَاكِلُونَ مِن شَجَرٍ مِّن زَقُّومٍ ﴿٥٢﴾

***ئۇلار (بەدەننىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان) ئاتەشلىك شامالنىڭ، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن ھاسىل بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس① سايىنىڭ***

***ئىچىدە بولىدۇ② [42 ـ 44]. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادا ھارام بىلەن) راھەت ـ پاراغەتكە چۆمگەن ئىدى③ [45]. ئۇلار چوڭ گۇناھتا (يەنى كاپىرلىقتا) چىڭ تۇرغان ئىدى [46]. ئۇلار: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدىمۇ چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟» دەيتتى④ [47 ـ 48]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، ئىلگىرىكىلەرمۇ، كېيىنكىلەرمۇ (قىيامەتتىن ئىبارەت) مەلۇم كۈندىكى مۇئەييەن ۋاقىتتا ئەلۋەتتە توپلىنىدۇ [49 ـ 50]. ئاندىن سىلەر، ئى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى ئازغۇنلار! [51] چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر [52].***

① سايە ئادەتتە سوغۇق بولىدۇ، ئەمما، دوزىخىلار سايە دەپ ئويلىغان نەرسە سوغۇق سايە بولماستىن بەلكى، دوزاخنىڭ تۈتۈنى بولىدۇ. ﴿وَلَا كَرِيمٍ﴾ ئۇنىڭدا ھېچبىر كۆركەم مەنزىرە ياكى خەيرلىك ياكى راھەت بولمايدۇ.

② ﴿سَمُوْمٍ﴾ ئوتنىڭ ھارارىتى ياكى بەدەننىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان ئوتتەك شامال. ﴿حَمِيْمٍ﴾ قايناق سۇ. ﴿يَحْمُوْمٍ﴾ "حِمَمَةٌ" دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، قارا دېگەن مەنىدە. قاپقارا نەرسە "اَحَمٌّ" دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ﴿يَحْمُوْمٍ﴾ قاپقارا تۈتۈننى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئۇلار دوزاخنىڭ ئازابىدىن زېرىكىپ بىر سايە تەرەپكە يۈگۈرەيدۇ، لېكىن، ئۇ يەرگە بارغاندا ئۇنىڭ سايە ئەمەس، بەلكى دوزاخنىڭ ئوتىدىن ھاسىل بولغان قاپقارا تۈتۈن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿يَحْمُوْمٍ﴾ دېگەن سۆز "حَمٌّ"دىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئوتتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بىر پارچە ياغ مەنىسىدە، دېسە. بەزىلەر بۇ سۆز "حِمَمٌ" دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان، كۆمۈر مەنىسىدە، دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىمام زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: ئوتمۇ قارا، دوزاخ ئەھلىمۇ قارا، دوزاختىكى نەرسىلەرمۇ قارا بولىدۇ. (ئى ئاللاھ! بىزنى دوزاختىن ساقلىغىن)

③ يەنى ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇپ، راھەت ـ پاراغەتلىك ھاياتقا بېرىلىپ كەتكەن ئىدى.

④ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىش كۇفرى،

شېرىك ۋە گۇناھقا پېتىپ كېتىشكە ئاساسىي سەۋەبتۇر. مانا بۇ سەۋەبتىن ئاخىرەت تەسەۋۋۇرى كىشىلەرنىڭ زېھنىدا خۇنۇكلەشكەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىسقى-فۇجۇر، گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئومۇملىشىپ كېتىدۇ.

فَمَالِـُٔونَ مِنْهَا ٱلْبُطُونَ ﴿٥٣﴾ فَشَـٰرِبُونَ عَلَيْهِ مِنَ ٱلْحَمِيمِ ﴿٥٤﴾ فَشَـٰرِبُونَ شُرْبَ ٱلْهِيمِ ﴿٥٥﴾ هَـٰذَا نُزُلُهُمْ يَوْمَ ٱلدِّينِ ﴿٥٦﴾ نَحْنُ خَلَقْنَـٰكُمْ فَلَوْلَا تُصَدِّقُونَ ﴿٥٧﴾ أَفَرَءَيْتُم مَّا تُمْنُونَ ﴿٥٨﴾ ءَأَنتُمْ تَخْلُقُونَهُۥٓ أَمْ نَحْنُ ٱلْخَـٰلِقُونَ ﴿٥٩﴾ نَحْنُ قَدَّرْنَا بَيْنَكُمُ ٱلْمَوْتَ وَمَا نَحْنُ بِمَسْبُوقِينَ ﴿٦٠﴾ عَلَىٰٓ أَن نُّبَدِّلَ أَمْثَـٰلَكُمْ

***ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرىسىلەر① [53]. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارارىتى يۇقىرى قايناق سۇنى تەشنا بولغان تۆگىلەر ئىچكەندەك ئىچىسىلەر② [55 ـ 54]. مانا بۇ ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى زىياپىتىدۇر③ [56]. (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى بىز ياراتقان تۇرساق، (تىرىلدۈرۈشىمىزگە) نېمىشقا ئىشەنمەيسىلەر؟④ [57] سىلەر ئۆزۈڭلار (ئاياللىرىڭلارنىڭ بالياتقۇسىغا) تۆكىدىغان مەنىيگە قاراپ باقمامسىلەر؟ [58]. ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر؟ ياكى ياراتقۇچى بىزمۇ؟⑤ [59]. بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بەلگىلىدۇق (يەنى ھەممىڭلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى بېكىتتۇق)⑥، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرۇشتىن⑦***

① يەنى ئەنە شۇ شەكلى كۆرۈمسىز، تەمى ناھايىتى ئاچچىق زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر، گەرچە ئۇنى ياقتۇرمىساڭلارمۇ، ئاچلىق ئازابى سىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

② ﴿الْهِيمِ﴾ " أَهْيَمُ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بىر خىل سۇغا تەشنالىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان تۆگىلەرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ كېسەل يۇققان تۆگىلەر سۇنى ھەر قانچە ئىچسىمۇ، تەشنالىقى قانمايدۇ. دېمەك، سىلەر زەققۇم دەرىخىدىن يېگەندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك سوغۇق سۇ

ئىچمەيسىلەر، بەلكى سىلەرگە ئىچىش ئۈچۈن ئازاب يۈزىسىدىن ھارارىتى يۇقىرى قايناقسۇ بېرىلىدۇ. سىلەر بۇ قايناقسۇنى سۇغا قاتتىق تەشنا بولۇپ چاڭقاپ كەتكەن تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن تەشنالىقىڭلار قانمايدۇ.

③ بۇ مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان ئىبارىدۇر. بولمىسا، زىياپەت دېگەن مېھمانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. بۇ خۇددى باشقا بىر ئايەتتىكى ﴿ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ دېگەن ئىبارىگە ئوخشايدۇ. (سۈرە ئال ئىمران 21-ئايەت)

④ يەنى سىلەرنى يارىتىقۇچىنىڭ يالغۇز ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، ئۇنداقتا نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟ يەنە بىر مەنىسى، نېمىشقا ئۇنىڭ سىلەرنى تىرىلدۈرۈشىگە ئىشەنمەيسىلەر؟

⑤ سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولۇش نەتىجىسىدە سىلەردىن چىققان مەنىي ئاياللىرىڭلارنىڭ رەھىمىگە كىرىدۇ، ئۇنى ئىنسان شەكلىگە كىرگۈزگۈچى بىزمۇ ياكى سىلەرمۇ؟

⑥ يەنى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى بەلگىلىدۇق. ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياشىيالمايدۇ. شۇڭا بەزىلەر بوۋاق ۋاقتىدا، بەزىلەر ياش ۋاقتىدا، بەزىلەر قېرىغاندا ۋاپات بولىدۇ.

⑦ يەنى سىلەرنىڭ شەكلىڭلارنى ئۆزگەرتىپ، سىلەرنى مايمۇن ۋە توڭگۇز قىلىۋېتىشكە، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا شەكلى ۋە چىرايى سىلەرگە ئوخشىمايدىغان باشقا مەخلۇقلارنى يارىتىشقا قادىرمىز.

وَنُنشِئَكُمْ فِي مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٦١﴾ وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ ٱلنَّشْأَةَ ٱلْأُولَىٰ
فَلَوْلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٦٢﴾ أَفَرَءَيْتُم مَّا تَحْرُثُونَ ﴿٦٣﴾ ءَأَنتُمْ تَزْرَعُونَهُۥٓ أَمْ
نَحْنُ ٱلزَّٰرِعُونَ ﴿٦٤﴾ لَوْ نَشَآءُ لَجَعَلْنَٰهُ حُطَٰمًا فَظَلْتُمْ تَفَكَّهُونَ ﴿٦٥﴾
إِنَّا لَمُغْرَمُونَ ﴿٦٦﴾ بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُونَ ﴿٦٧﴾

***ۋە سىلەرنى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان (باشقا) بىر شەكىلدە يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز① [61-60]. شەكسىزكى، سىلەر دەسلەپكى***

***يارىتىشنى بىلدىڭلار (يەنى دەسلەپتە ئاللاھنىڭ سىلەرنى يوقتىن بار قىلغانلىقىنى تونۇدۇڭلار)، ئەمدى سىلەر (ئاللاھنىڭ سىلەرنى دەسلەپ ياراتقانىدەك قايتا يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكى توغرۇلۇق) ئويلىنىپ كۆرمەمسىلەر؟② [62] سىلەر تېرىۋاتقان زىرائەتكە قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ [63]. ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى ئۈندۈرگۈچى بىزمۇ؟ (يەنى بىز ئۇنى دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟)③ [64]. ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇرۇۋېتەتتۇق ـ دە، ئۇ چاغدا سىلەر گاڭگىراپ قالاتتىڭلار④ ۋە: «بىز راستىنلا (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقنى) زىيان تارتتۇق⑤، بەلكى (ھەممىدىن) قۇرۇق قاپتۇق» (دەپ كېتەتتىڭلار) [65 ـ 67].***

① يەنى بىز شۇنداق قىلىشتىن ئاجىز ئەمەس، بەلكى قادىرمىز.

② يەنى سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلىشقا قادىر ئاللاھ تائالا (سىلەر بۇنى بىلىسىلەر) سىلەرنى قايتا يارىتىشقا (تىرىلدۈرۈشكە) ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىلەر؟

③ يەنى سىلەر يەرگە ئۇرۇق چاچىسىلەر، ئۇنىڭدىن زىرائەت يەر ئۈستىگە ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئەنە شۇ جانسىز ئۇرۇقنى يېرىپ، يەرنىڭ ئاستىدىن زىرائەت قىلىپ ئۈندۈرگۈچى كىم؟ بۇمۇ بىر قەترە مەنىيدىن ئىنسان ياراتقىنىمىزدەك، بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ ھۈنەرىڭلار ياكى سېھىر-ئەپسۇنلىرىڭلارنىڭ نەتىجىسى ئەمەس.

④ يەنى زىرائەتنى يېشىل تۇسكە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ھوسۇل بېرىشكە ئاز قالغاندا، قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇرىۋەتسەك، سىلەر بۇنىڭدىن ھەيرەتتە قالاتتىڭلار. " تَفَكَّهُ " قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، نېمەت، خۇشاللىق مەنىسىدىمۇ؛ قايغۇ، مەيۇسلىنىش مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئىككىنچى خىل مەنىسى ئېلىنىپ، بىر قانچە خىل تەپسىر قىلىنىدى: ھەر تۈرلۈك سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار، پۇشايمان قىلاتتىڭلار، قايغۇراتتىڭلار، ئەجەبلىنىپ مالامەت قىلاتتىڭلار، ھەيران قالاتتىڭلار. ﴿ظَلْتُمْ﴾ ئەسلىدە " ظَلَلْتُمْ " بولۇپ، " صِرْتُمْ " (بولۇپ قالماق، ئۆزگەرمەك) مەنىسىدە. ﴿تَفَكَّهُونَ﴾ ئەسلىدە "

تَتَفَكَّهُونَ " بولۇپ، يەڭگىللىتىلگەن.

⑤ يەنى بىز يەرنى ئاغدۇرۇپ يۇمشاتتۇق، ئاندىن ئۇرۇق تېرىپ، سۇغۇردۇق، پەرۋىش قىلدۇق، لېكىن ئەمدى ھوسۇل ئالدىغان ۋاقىت كەلگەندە، قۇرۇپ كەتتى، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدۇق يەنى مېھنىتىمىز ۋە سالغان مەبلىغىمىزنى زىيان تارتتۇق، ھوسۇلدىن قۇرۇق قالدۇق، دەپ كېتەتتىڭلار. ﴿مُغْرَمُونَ﴾ دېگەن پۇل-مال ۋە ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەسلىك، ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قىلىش ياكى پۇلنى تۆلەپ تۇرۇپمۇ، بەدىلىگە بىر نەرسە ئالالماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

أَفَرَءَيْتُمُ ٱلْمَآءَ ٱلَّذِى تَشْرَبُونَ ﴿٦٨﴾ ءَأَنتُمْ أَنزَلْتُمُوهُ مِنَ ٱلْمُزْنِ أَمْ
نَحْنُ ٱلْمُنزِلُونَ ﴿٦٩﴾ لَوْ نَشَآءُ جَعَلْنَٰهُ أُجَاجًا فَلَوْلَا تَشْكُرُونَ ﴿٧٠﴾
أَفَرَءَيْتُمُ ٱلنَّارَ ٱلَّتِى تُورُونَ ﴿٧١﴾ ءَأَنتُمْ أَنشَأْتُمْ شَجَرَتَهَآ أَمْ نَحْنُ
ٱلْمُنشِـُٔونَ ﴿٧٢﴾ نَحْنُ جَعَلْنَٰهَا تَذْكِرَةً وَمَتَٰعًا لِّلْمُقْوِينَ ﴿٧٣﴾ فَسَبِّحْ
بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلْعَظِيمِ ﴿٧٤﴾

***سىلەر ئىچىۋاتقان سۇغا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ [68]. ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى چۈشۈرگۈچى بىزمۇ؟ [69]. ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قويالايتتۇق. سىلەر (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامسىلەر؟① [70]. سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتقا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ [71]. ئۇنىڭ دەرىخىنى سىلەر ئۆستۈردۈڭلارمۇ ياكى ئۇنى ئۆستۈرگۈچى بىزمۇ؟② [72] بىز ئۇنى (كىشىلەرگە دوزاخ ئوتىنى) ئەسلىتىدىغان③ ۋە يولۇچىلار پايدىلىنىدىغان نەرسە قىلدۇق④ [73]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلۇغ رەببىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن [74].***

① يەنى بۇ نېمەتلەر بەدىلىگە بىزگە ئىتائەت قىلىپ، نېمە ئۈچۈن بىزگە ئەمەلى شۈكۈر ئادا قىلمايسىلەر؟

② ئەرەبلەردە مۇرخۇ ۋە ئۇبار ناملىق ئىككى خىل دەرەخ بولۇپ، بۇ

ئىككى دەرەختىن ئىككى تال ھۆل شاخنى ئېلىپ بىر - بىرىگە سۈركىسە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقىدۇ.

③ يەنى بىز بۇ ئوتنى كىشىلەرگە دوزاخ ئوتىنى ئەسلىتىدىغان نەرسە قىلدۇق. ئۇنىڭ ئاجايىپ تەسىرى ۋە كۆپ پايدىسى بار. دۇنيادىكى كۆپ نەرسىلەرنى ياساشتا ئۇنىڭ رولى بىزنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىمىزنىڭ بەلگىسى بولغان ئومۇرتقا سۆڭەكنىڭ رولىغا ئوخشايدۇ. بىز بۇ ئوتنى دۇنيادا ياراتقاندەك، ئاخىرەتتىمۇ ئۇنىڭ ھارارىتىنى **69** ھەسسىدىن ئارتۇق قىلىپ يارىتىشقا قادىرمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك-شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بۇ ئوتۇڭلار دوزاخ ئوتىنىڭ يەتمىش پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر». (سەھىھ مۇسلىم **2843**-ھەدىس)

④ ﴿مُقْوِينَ﴾ " مُقْوِى "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن يولۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. " قِوَاءٌ " ھېچنەرسە يوق چۆلدە يۈرگۈچى دېگەن مەنىدە. دېمەك يولۇچى سەھرالار، جاڭگاللاردا يۈرۈپ بۇ دەرەخلەردىن پايدىلىنىدۇ، ئوت بىلەن قاراڭغۇدا يورۇقلۇققا ئېرىشسە، سوغۇقتا ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىدۇ. تاماقلىرىنى ئوت بىلەن پىشۇرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿مُقْوِينَ﴾ دېگەندىن ئاچلىقتىن قورسىقىدا ھېچنەرسە قالمىغان پېقىرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى پايدىلانغۇچىلار دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ئوتنى بايمۇ، كەمبەغەلمۇ، مۇساپىرمۇ، مۇقىم تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ ئوخشاش ئىشلىتىدۇ ۋە ھەممىسى ئوتتىن پايدىلىنىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ ھەممىسى ﴿مُقْوِينَ﴾نىڭ مەنىسىگە كىرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھەدىستە ئۈچ نەرسىنى ئومۇمنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئوچۇق قويۇش ۋە ھېچكىمنى ئۇلاردىن چەكلىمەسلىككە ئەمر قىلىنغان، ئۇ نەرسىلەر ئىچىدە سۇ، ئوت-چۆپ يەنە ئوتمۇ بار. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد **3477**-ھەدىس، سۇنەنى ئىبنى ماجە **2473**-ھەدىس) ئىبنى كەسىر بۇ تەپسىرنى ئەڭ توغرا دەپ قارىغان.

۞ فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَوَٰقِعِ ٱلنُّجُومِ ﴿٧٥﴾ وَإِنَّهُۥ لَقَسَمٞ لَّوۡ تَعۡلَمُونَ
عَظِيمٌ ﴿٧٦﴾ إِنَّهُۥ لَقُرۡءَانٞ كَرِيمٞ ﴿٧٧﴾ فِي كِتَٰبٖ مَّكۡنُونٖ ﴿٧٨﴾ لَّا يَمَسُّهُۥٓ
إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ ﴿٧٩﴾ تَنزِيلٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٨٠﴾ أَفَبِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ
أَنتُم مُّدۡهِنُونَ ﴿٨١﴾ وَتَجۡعَلُونَ رِزۡقَكُمۡ أَنَّكُمۡ تُكَذِّبُونَ ﴿٨٢﴾

*يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى①، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ (يۇلتۇزلار ئالاھىدە ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە بۈيۈك قەسەمدۇر [76 ـ 75]. شەكسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر② [77]. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر③ [78]. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ④ [79]. ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [80]. سىلەر مۇشۇ سۆز (قۇرئان) بىلەن ياغلامچىلىق قىلىۋاتامسىلەر؟⑤ [81] سىلەر (ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن) رىزقىڭلارغا (شۈكۈر قىلىشىڭ ئورنىغا) (رىزىق بەرگۈچىنى) ئىنكار قىلىۋاتامسىلەر؟ [82]*

① ﴿فَلَآ أُقۡسِمُ﴾دىكى " لا " ئارتۇق بولۇپ، پەقەت سۆزنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن ياكى " لا " ئارتۇق ئەمەس، بەلكى ئۇزىدىن ئىلگىرىكى نەرسىنى مەنپىي قىلىش ئۈچۈن كەلگەن يەنى قۇرئان كاھىننىڭ سۆزى ئەمەس، شائىرنىڭ شېئىرىمۇ ئەمەس، بەلكى يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دەيمەنكى، بۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر... ﴿مَوَٰقِعِ ٱلنُّجُومِ﴾ دېگەندە يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماندىكى چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان ئورۇنلىرى، مەنزىللىرى، ئايلىنىدىغان جايلىرى ۋە ئوربىتالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق تەپسىر قىلغان: «پەيغەمبەرلەرنىڭ دىللىرىغا چۈشكۈچى ئايەتلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى» (مۇۋەززىھۇل قۇرئان) يەنى «يۇلتۇزلار» قۇرئان ئايەتلىرىنى، «جايلىرى» دېگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن قۇرئاننىڭ پارچە-پارچە تەدرىجىي چۈشكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېسە، بەزىلەر ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى يۇلتۇزلارنىڭ چۈشۈپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر.

③ يەنى بۇ ئۇلۇغ قۇرئان لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغاندۇر.

④ ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ﴾دىكى «ئۇنى» دېگەن ئالماش لەۋھۇلمەھپۇزنى كۆرسىتىدۇ. «پاك بولغانلار» دېگەن پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەنىسى لەۋھۇلمەھپۇزنى پەقەت پەرىشتىلەرلا تۇتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى ئالماش قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ يەنى ئاسمانلاردا

پەرىشتىلەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ قولى قۇرئانغا يەتمەيدۇ، دەيدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشىدۇ دېگەن جۆيلۈشلىرىگە رەددىيە بېرىپ: «ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ» دېدى. شەيتانلارنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، ئۇ شەيتانلاردىن ساقلانغان، قوغدالغان ۋە ھىمايە قىلىنغان كىتابتۇر. بەزىلەر بۇ ئايەتتىكى مەنپىيلىكنى بىلدۈرىدىغان " لا "نى چەكلىمىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن دەپ قاراپ، بۇ ئايەتنى «ئۇنى تاھارەتسىز كىشىلەر تۇتمىسۇن، پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتسۇن» دەپ تەرجىمە قىلىپ، قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتۇش جايىز ئەمەس دېگەنگە دەلىل قىلىدۇ. بۇنداق دەلىل كەلتۈرۈش توغرا ئەمەس، چۈنكى، بۇ يەردىكى مەنپىي جۈملە چەكلىمە مەنىسىدە كەلمىگەن، بەلكى يۇقىرىدىكى ئۇقۇمنى بايان قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدا تۇتۇۋىلار ياكى تۇتماڭلار دەيدىغان ھۆكۈم بايان قىلىنمىغان. ئەمما شۇنداق مەنىگە ئىشارەت قىلىدىغانلىقىنى ھاپىز ئىبنى قەييىم ۋە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە قاتارلىق ئىماملار بايان قىلغان. «قۇرئاننى پەقەت پاك ئادەم تۇتسۇن» (مۇۋەتتا ئىمام مالىك 1-توم، 191-بەت) بۇ ھەدىس توغرا. ئەمما بۇ يەردىكى پاكلىق شېرىك ۋە كۇفرىدىن پاك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىنى «مۇئمىن ناپاك بولمايدۇ» دېگەن ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 282-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 371-ھەدىس) بۇ ھەدىستىكى ناپاكلىقتىن شېرىك ۋە كۇفرىنىڭ ناپاكلىقى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ھەر قانداق مۇئمىننىڭ ئۇنىڭدىن پاكلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن جۇنۇپ مۇئمىنمۇ پاك ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى پاكلىق شېرىك ۋە كۇفرىدىن پاك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. خۇلاسە شۇكى، تۆت ئىمام، كۆپ ساندىكى فەقىھ ۋە ھەدىسشۇناس ئۆلىمالار «تاھارەتسىز ئادەمنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى جايىز ئەمەس» دەيدۇ. ئاياللار ھەيز-نىفاس ھالەتتە قۇرئاننى تىلى بىلەن ئوقۇسا جايىزدۇر، بۇنى چەكلەيدىغان ھېچبىر سەھىھ ھەدىس يوق. ئەمما ئەرلەرگە جۇنۇب ھالەتتە قۇرئان ئوقۇش چەكلەنگەن، بۇ ھەقتە ھەدىس بار. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 229-ھەدىس) ئەلۋەتتە، قۇرئاننى تاھارەت بىلەن تۇتۇش ۋە ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ھەممە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر.

⑤ ﴿الْحَدِيثِ﴾ دېگەندىن قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. " مُدَاهَنَةٌ " ياغلامچىلىق، خوشامەتچىلىك، مادارا قىلىش يەنى كاپىرلار ۋە

مۇناپىقلارغا يۇمشاق سۆزلەر بىلەن خوشامەت قىلىش دېگەن مەنىدە. ۋەھالەنكى، ئۇلارغا خوشامەت قىلىش لايىق ئەمەس. يەنى سىلەر قۇرئاننى قوبۇل قىلدۇرۇش يولىدا كاپىرلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، يۇمشاق گەپلەر بىلەن خوشامەتچىلىك قىلىۋاتىسىلەر. ۋەھالەنكى، مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە بۇ قۇرئان خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا لايىقتۇر. بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى: ﴿سىلەر مۇشۇ سۆزنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىۋاتامسىلەر؟﴾ بۇ چاغدا خىتاب مۇشرىكلارغا قارىتىلغان بولىدۇ. بۇ ئىككىنچى مەنىسى يۇقىرىدا سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان تېمىغا ۋە جۈملىنىڭ سىياقىغا ئەڭ ئۇيغۇندۇر.

فَلَوۡلَآ إِذَا بَلَغَتِ ٱلۡحُلۡقُومَ ﴿٨٣﴾ وَأَنتُمۡ حِينَئِذٖ تَنظُرُونَ ﴿٨٤﴾ وَنَحۡنُ أَقۡرَبُ إِلَيۡهِ مِنكُمۡ وَلَٰكِن لَّا تُبۡصِرُونَ ﴿٨٥﴾ فَلَوۡلَآ إِن كُنتُمۡ غَيۡرَ مَدِينِينَ ﴿٨٦﴾ تَرۡجِعُونَهَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٨٧﴾ فَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ ٱلۡمُقَرَّبِينَ ﴿٨٨﴾ فَرَوۡحٞ وَرَيۡحَانٞ وَجَنَّتُ نَعِيمٖ ﴿٨٩﴾ وَأَمَّآ إِن كَانَ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلۡيَمِينِ ﴿٩٠﴾ فَسَلَٰمٞ لَّكَ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلۡيَمِينِ ﴿٩١﴾

***جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر (شۇ ھالدا ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالالامسىلەر؟)① [84 ـ 83]. بىز ئۇنىڭغا سىلەردىن بەكرەك يېقىنمىز②، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر)③ [85]. ئەگەر (سىلەر ئۆيلىغاندەك ئەمەلىڭلارغا ئاساسەن) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار ۋە (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى تېنىگە) قايتۇرۇپ بېقىڭلار؟④ [87 ـ 86]. ئەگەر ئۇ (مېيىت) مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچى ئاللاھقا يېقىن كىشىلەردىن) بولسا⑤، ئۇنىڭغا راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بار [89 ـ 88]. ئەگەر ئۇ نامە ـ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر (يەنى بەخت ـ سائادەت ئەھلىدىن) بولسا⑥، (ئۇنىڭغا) «نامە ـ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەردىن (يەنى بەخت ـ سائادەت ئەھلىدىن) بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا سالام!» (دېيىلىدۇ) [91 ـ 90]***

① يەنى سەكراتتىكى ئادەمنىڭ جېنىدىن ئايرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىسىلەر، لېكىن، ئۇنى بىر مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇشقا، كېچىكتۈرۈشكە ياكى ئۇ كىشىگە پايدا يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايسىلەر.

② يەنى بىز ئۆلگۈچىگە ئىلمىمىز، قۇدرىتىمىز بىلەن، كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىڭلاردىن يېقىنمىز. ياكى «بىز» دېگەندىن ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇندىغۇچىلار يەنى جان ئېلىشقا مۇئەككەل ئۆلۈم پەرىشتىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ يەنى سىلەر جاھالەت تۈپەيلى ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە جان تومۇرۇڭلاردىنمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر ياكى جان ئېلىشقا مۇئەككەل ئۆلۈم پەرىشتىلىرىنى كۆرەلمەيسىلەر.

④ " دَانَ، يُدِيْنُ " باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا بولماق، يەنە بىر مەنىسى جازاسىنى بەرمەكتۇر. يەنى ئەگەر سىلەر «بىزنىڭ ھېچقانداق ئىگىمىز يوق، بىز ھېچكىمنىڭ قول ئاستىدا ئەمەس، بىزنى ھېچكىم باشقۇرمايدۇ، بىزنى ھېچكىم جازالىمايدۇ، جازا كۈنى يەنى قىيامەت بولمايدۇ» دەيدىغان ئويۇڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ھەلقۇمغا يەتكەن بۇ جاننى ئىلگىرىكى ئورنىغا قايتۇرۇپ بېقىڭلار؟ ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭلار، بۇ سىلەرنىڭ ئويۇڭلارنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بىر ئىگەڭلار بار، ئۇ بىر كۈنى سىلەرنى چوقۇم جەم قىلىدۇ ۋە ھەربىر بەندىگە قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ.

⑤ سۈرىنىڭ بېشىدا ئىنسانلارنىڭ ئەمەل جەھەتتە ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى، بۇ يەردە يەنە تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بىرىنچى تۈردىكىلەر ئاللاھقا يېقىن بەندىلەر بولۇپ، ئۇلار ياخشى ئەمەللەرنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ھەر ئىشتا ئالدىدا ماڭىدۇ، ئىماننى قوبۇل قىلىشتىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۇقەررەبلەر (ئاللاھنىڭ يېقىنلىرى) دەرىجىسىگە نائىل بولىدۇ.

⑥ بۇلار ئىككىنچى تۈردىكى ئومۇمىي مۆمىنلەر جامائەسى بولۇپ، دوزاختىن ئامان قىلىپ، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇلار نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن سائادەتمەنلەر بولۇپ مۇقەررەبلەردىن تۆۋەنرەك

دەرىجىگە ئېرىشىدۇ. بۇلارنىڭ يېنىغىمۇ ۋاپات بولىدىغان چاغدا پەرىشتىلەر كېلىپ، سالام قىلىدۇ يەنى دوزاختىن ئامان قالىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بېرىدۇ.

وَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ ٱلْمُكَذِّبِينَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٩٢﴾ فَنُزُلٌ مِّنْ حَمِيمٍ ﴿٩٣﴾
وَتَصْلِيَةُ جَحِيمٍ ﴿٩٤﴾ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ حَقُّ ٱلْيَقِينِ ﴿٩٥﴾ فَسَبِّحْ بِٱسْمِ
رَبِّكَ ٱلْعَظِيمِ ﴿٩٦﴾

***ئەگەر ئۇ (تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغۇچى ئازغۇنلاردىن بولسا①، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ [93 ـ 92]. جەھەننەمگە تاشلىنىپ كۆيدۈرۈلىدۇ [94]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ئېنىق ھەقىقەتتۇر [95]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلۇغ رەببىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن② [96].***

① بۇ ئۈچىنچى تۈردىكىلەر بولسا، سۈرىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ﴿أَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ﴾ نامە ـ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلىدىغان، بەختسىز، شۇملۇق ئېلىپ كېلىدىغان ئادەملەر دەپ ئاتالغان پىرقىدۇر. بۇلار ھەقنى ئىنكار قىلغان، توغرا يولدىن ئازغانلار بولۇپ، شۇملۇقنىڭ ئاقىۋىتىنى ياكى كۇفرى ۋە نىپاقنىڭ جازاسىنى دوزاختا تارتىدۇ.

② ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تىلغا يەڭگىل، تارازىغا ئېغىر، مېھرىبان ئاللاھ تائالاغا سۆيۈملۈك بولغان ئىككى سۆز بار، ئۇلار: " سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ، سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيْمِ " دېمەكتۇر»، مەنىسى: «ئاللاھنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» ۋە «بۈيۈك ئاللاھنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ياد ئېيتىمەن». (سەھىھۇل بۇخارى 7563 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2694 ـ ھەدىس)

# سۈرە ھەدىد

| (٥٧) سورة الحديد مدنية ٢٩ آية | (57) سۈرە ھەدىد مەدىنىدە چۈشكەن 29 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١ لَهُۥ
مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٢
هُوَ ٱلۡأَوَّلُ وَٱلۡأٓخِرُ وَٱلظَّٰهِرُ وَٱلۡبَاطِنُۖ وَهُوَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ٣

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى①، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھاياتلىق بېرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر② [2]. ئاللاھ ئەۋۋەلدۇر (ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇتتۇر)، ئاخىردۇر (ھەممە يوقالغاندىن كېيىنمۇ باقىيدۇر)، زاھىردۇر (دەلىل-پاكىتلىرى بىلەن ئاشكارىدۇر)، باتىندۇر (كۆزلەرنىڭ كۆرۈشىدىن مەخپىيدۇر)③. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [3].***

① بۇ تەسبىھ ھالەت تىلى بىلەن ئەمەس، سۆزلەيدىغان تىل بىلەندۇر. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا باشقا ئايەتلەردە مۇنداق دېگەن: ﴿لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ (ئېيتقان)

تەسبىھنى چۈشەنمەيسىلەر﴾. (سۈرە ئىسرا 44-ئايەت). ﴿تاغلارنى ۋە قۇشلارنى داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتىدىغان قىلدۇق﴾. (سۈرە ئەنبىيا 79-ئايەت) ئەگەر ھالەت تىلى بىلەن ياكى ئىشارەت بىلەن ئېيتىلىدىغان تەسبىھ دەيدىغان نەرسە بولسا ئىدى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن تاغلارنىڭ تەسبىھ ئېيتقانلىقىنى ئالاھىدە بايان قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولاتتى.

② شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمدە ئۇنداق ھۆكۈم قىلىش ۋە تەسەررۇپ قىلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، يامغۇر، زىرائەت ۋە رىزىقنىڭ بارلىق خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

③ «ئاللاھ ئەۋۋەلدۇر» يەنى ئۇ ھەممىنىڭ ئەۋۋىلىدۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچنېمە يوق ئىدى. «ئاخىردۇر» يەنى ئۇ ھەممىنىڭ ئاخىرىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم قالمايدۇ. «ئاشكاردۇر» يەنى ئۇ زاھىردۇر، ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غالىبتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھېچكىم غالىب كېلەلمەيدۇ. ئۇ «باتىندۇر» يەنى مەخپىيدۇر، بارلىق مەخپىي نەرسىلەرنى پەقەت ئۇ ئۆزىلا بىلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ۋە ئەقىللىرىدىن مەخپىيدۇر. (فەتھۇلقەدىر) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇشنى تەكىتلىگەن ئىدى: «ئى ئاللاھ، سەن يەتتە ئاسماننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەر نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ۋە قۇرئاننى نازىل قىلغۇچىسەن، سەن دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخلاندۇرغۇچىسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ساڭا سىغىنىپ ھەر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ھەر نەرسىنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتقۇچىسەن، سېنىڭ باشلىنىشىڭ يوقتۇر ھەم ئاخىرلىشىشىڭ يوقتۇر، سەندىن ئىلگىرى ۋە سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، سەن ئاشكارىسەن، سەندىن ئاشكارا ھېچ نەرسە يوق، سەن مەخپىيسەن، سەندىن يوشۇرۇن ھېچ نەرسە يوق، بىزنى قەرزدىن خالاس قىلغىن، بىزنى پېقىرلىقتىن قۇتۇلدۇرغىن». (سەھىھ مۇسلىم 2713-ھەدىس) بۇ دۇئانى قەرزدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ئوقۇش سۈننەتتۇر. بۇ مەزكۇر ئايەتتىكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە مەنىلىرى بايان قىلىنغان دۇئادۇر.

هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ يَعۡلَمُ مَا يَلِجُ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا يَخۡرُجُ مِنۡهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا يَعۡرُجُ فِيهَاۖ وَهُوَ مَعَكُمۡ أَيۡنَ مَا كُنتُمۡۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿٤﴾

***ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىگەن زاتتۇر①. ئاللاھ زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى②، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى③، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى④، ئۇنىڭغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ⑤، سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئۇ (سىلەرنىڭ بارلىق ئەھۋالىڭلارنى بىلىشتە) سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر⑥ [4].***

① بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەر سۈرە ئەئراف 54-ئايەت، سۈرە يۇنۇس 3-ئايەت، سۈرە ئەلىف لام مىم سەجدە 4-ئايەت قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

② يەنى زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان يامغۇر تامچىلىرى، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ سانى ۋە قايسى ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

③ يەنى زېمىندىن چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى، كۆركەم مەنزىرە شەكىللەندۈرىدىغان خۇشپۇراق گۈل-چېچەكلەرنى، زىرائەتلەرنى، مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قانچىلىك ۋە قايسى تەرىقىدە ئۆسىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾. (سۈرە ئەنئام 59-ئايەت)

④ ئاسماندىن چۈشىدىغان قار، يامغۇر، شەبنەم، تەقدىر ۋە پەرىشتىلەر ئېلىپ چۈشىدىغان ھۆكۈملەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.

⑤ پەرىشتىلەر ئېلىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدىغان ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنغانىدەك: «كېچىدە قىلىنغان ئەمەللەر تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن، كۈندۈزدە قىلىنغان ئەمەللەر كېچە كىرىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 179 ـ ھەدىس)

⑥ يەنى سىلەر مەيلى قەيەردە بولۇڭلار، مەيلى قۇرۇقلۇقتا ياكى دېڭىزدا، مەيلى كېچىدە ياكى كۈندۈزدە، مەيلى ئۆيلەردە ياكى چۆللەردە بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللە، يەنى ئاللاھ ھەربىر ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھەربىر سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ. بۇ مەزمۇن سۈرە ھۇد 3 ـ ئايەت، سۈرە رەئد 10 ـ ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىندى.

لَّهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ٥ يُولِجُ ٱلَّيْلَ
فِى ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِى ٱلَّيْلِ ۚ وَهُوَ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٦
ءَامِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَأَنفِقُوا۟ مِمَّا جَعَلَكُم مُّسْتَخْلَفِينَ فِيهِ ۖ
فَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنكُمْ وَأَنفَقُوا۟ لَهُمْ أَجْرٌ كَبِيرٌ ٧ وَمَا لَكُمْ لَا
تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ ۙ وَٱلرَّسُولُ يَدْعُوكُمْ لِتُؤْمِنُوا۟ بِرَبِّكُمْ وَقَدْ أَخَذَ
مِيثَٰقَكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ٨

***ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ھەممە ئىش پەقەتلا ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ [5]. ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ①، ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر [6]. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىلگىرىكىلەرگە) ئورۇنباسار قىلىپ ئىگە قىلغان نەرسىلەردىن (ئاللاھ يولىدا) سەدىقە قىلىڭلار②، سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە (ئاللاھ يولىدا) پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات بار [7]. (ئى كاپىرلار!) پەيغەمبەر***

***سىلەرنى رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىۋاتقان، ئاللاھ سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان تۇرسا③، سىلەر نېمىشقا ئاللاھقا ئىمان ئېيتمايسىلەر؟ ئەگەر ئىمان ئېيتماقچى بولساڭلار (ئۇنىڭغا ئالدىراڭلار) [8].***

① يەنى ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر (باشقۇرغۇچى، كونترول قىلغۇچىدۇر). ئۇنىڭ ھۆكمى ۋە تەسەررۇپى بىلەن بەزىدە كېچە ئۇزۇن، كۈندۈز قىسقا؛ بەزىدە ئۇنىڭ ئەكسىچە، كۈندۈز ئۇزۇن كېچە قىسقا بولىدۇ، يەنە بەزىدە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مۇددىتى ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭدەك قىش، ئەتىياز، ياز ۋە كۈزدىن ئىبارەت پەسىللەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىمۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ.

② يەنى بۇ مال-مۈلۈك ئىلگىرى باشقىلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ ئايەت شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇكى، بۇ مال-مۈلۈك سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىمۇ تۇرمايدۇ، باشقىلار ئۇنىڭغا ۋارىس بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمىساڭلار، سىلەردىن كېيىن ئۇنىڭغا ۋارىس بولغانلار ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلىپ، سىلەردىن كۆپ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ۋارىس بولغانلار ئۇنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلسا، ئۇ چاغدا سىلەرمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلغانلىق گۇناھىڭلار ئۈچۈن جازاغا تارتىلىپ قالىسىلەر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئادەم ئەۋلادى مېنىڭ پۇل-مېلىم، مېنىڭ پۇل-مېلىم دەيدۇ. ۋەھالەنكى، پۇل-مېلىڭدىن پەقەت يەپ تۈگەتكىنىڭ ياكى كىيىپ كونىراتقىنىڭ ياكى سەدىقە بېرىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرغىنىڭ سېنىڭدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسى سېنىڭ قولۇڭدىن چىقىپ، باشقىلارغا قالىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 2958-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 24-بەت)

③ ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ يەردىكى ئەھدە ئالغۇچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئەھدىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن ئالغان ئەھدە ۋە بەيئەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇز ۋاقتىدا ساھابە كىراملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خۇرسەنلىكتىمۇ، كۆلپەتتىمۇ، ھەر ھالەتتە بويسۇنۇشقا ئەھدە بېرىپ، بەيئەت قىلغان، دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئىبنى

جەرىرنىڭ قارىشىچە بۇ يەردىكى ئەھدە ئالغۇچى ئاللاھ تائالانى كۆرسىتىدۇ، ئېلىنغان ئەھدە بولسا، ئاللاھ تائالا روزىمىساق كۈنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ پۇشتىدىن تۆرىلىدىغان ئىنسانلاردىن ئالغان ئەھدە، يەنى ئەلەستۇ ئەھدىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئەھدە سۈرە ئەئرافنىڭ 172-ئايىتىدە بايان قىلىنىدى.

هُوَ ٱلَّذِى يُنَزِّلُ عَلَىٰ عَبْدِهِۦٓ ءَايَـٰتٍۭ بَيِّنَـٰتٍ لِّيُخْرِجَكُم مِّنَ
ٱلظُّلُمَـٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ ۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ بِكُمْ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٩﴾ وَمَا لَكُمْ
أَلَّا تُنفِقُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلِلَّهِ مِيرَٰثُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ لَا يَسْتَوِى
مِنكُم مَّنْ أَنفَقَ مِن قَبْلِ ٱلْفَتْحِ وَقَـٰتَلَ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً
مِّنَ ٱلَّذِينَ أَنفَقُوا۟ مِنۢ بَعْدُ وَقَـٰتَلُوا۟ ۚ وَكُلًّا وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْحُسْنَىٰ ۚ وَٱللَّهُ
بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿١٠﴾

***ئاللاھ سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، بەندىسىگە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان زاتتۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، تولىمۇ رەھىم - شەپقەتلىكتۇر [9]. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھقا خاس تۇرسا، سىلەر نېمىشقا ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلمايسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل - مال سەرپ قىلغانلار ۋە (ئاللاھ يولىدا) ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (باشقىلار بىلەن) باراۋەر ئەمەس①، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن پۇل - مال سەرپ قىلغان ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرىدۇر②، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى③. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغۇاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [10].***

① كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ يەردىكى پەتھىدىن

مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر، ھۇدەيبىيە سۇلھىسىنى ھەقىقىي فەتھى دەپ قاراپ، بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى ھۇدەيبىيە سۇلھىسى، دەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن ياكى مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ئاجىز، سانى ئاز ئىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ بەك ئاجىز ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ۋە جىھادقا قاتنىشىش ناھايىتى مۇشكۇل ئىش ھېسابلىناتتى. بۇنىڭغا ئىرادىسى ناھايىتى كۈچلۈك كىشىلەرلا جۈرئەت قىلالايتتى. مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگەردى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيدى، كۈچى زورايدى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولۇپ كەتتى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھەر ئىككى دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ئەجىر-ساۋابتا باراۋەر بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

② چۈنكى، ئىلگىرىكىلەر ناھايىتى ئېغىر ئەھۋاللاردا جىھاد قىلغان ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، توھپىسى چوڭ ۋە ئىرادىسى كۈچلۈك باتۇرلارنى باشقىلاردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش لازىم. شۇڭا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ نەزىرىدە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ئارتۇق، دەرىجىسى ھەممىدىن يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان، بىرىنچى بولۇپ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغان ۋە ھەممىدىن ئاۋۋال جىھادقا قاتناشقان كىشىدۇر. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھايات ۋاقتىدا نامازدا ئىمام قىلغان ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ساھابە كىراملار ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپە بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ۋە لايىق دەپ تاللىدى. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن.

③ بۇ ئايەتتە ئوچۇقلىما بېرىلدىكى، ساھابە كىراملارنىڭ ئارىسىدا پەزىلەت ۋە شەرەپتە پەرقلىق بولغانلار مەۋجۇت، ئەمما بۇ پەقەت دەرىجىدىكى پەرق بولۇپ، كېيىن مۇسۇلمان بولغان ساھابە كىراملار ئىمان ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئۇلاردىن تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدۇ دەپ قاراش توغرا ئەمەس. بەزىلەر مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ئېسىل پەزىلەتلىك ساھابىلەر ھەققىدە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىدۇ ياكى ئۇلارنى ئەپۇ قىلىنغانلار دەپ

تۆۋەن كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ساھابە كىراملار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ساھابىلىرىمغا تىل تەككۈزمەڭلار، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ئاللاھ يولىدا ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى سەرپ قىلساڭلارمۇ، مېنىڭ ساھابىلىرىم خىراجەت قىلغان بىر مۇد (650 گرام ئەتراپىدا) ياكى يېرىم مۇدقىمۇ باراۋەر بولمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3673 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2540 ـ ھەدىس)

مَّن ذَا ٱلَّذِي يُقۡرِضُ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنًا فَيُضَٰعِفَهُۥ لَهُۥ وَلَهُۥٓ أَجۡرٞ
كَرِيمٞ ﴿١١﴾ يَوۡمَ تَرَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ يَسۡعَىٰ نُورُهُم بَيۡنَ
أَيۡدِيهِمۡ وَبِأَيۡمَٰنِهِمۖ بُشۡرَىٰكُمُ ٱلۡيَوۡمَ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا
ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١٢﴾ يَوۡمَ يَقُولُ
ٱلۡمُنَٰفِقُونَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتُ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱنظُرُونَا نَقۡتَبِسۡ مِن نُّورِكُمۡ
قِيلَ ٱرۡجِعُواْ وَرَآءَكُمۡ فَٱلۡتَمِسُواْ نُورٗاۖ فَضُرِبَ بَيۡنَهُم بِسُورٖ لَّهُۥ
بَابُۢ

*كىمكى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىكەن)، ئۇنداق كىشىگە ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا قىممەتلىك مۇكاپات بېرىدۇ① [11]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەتتە) مۇئمىن ئەرلەرنى، مۇئمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە (ئۇلارنى يورۇتۇپ) ماڭىدۇ②، (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ تۇرىسىلەر، بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر» (دېيىلىدۇ)③ [12]. ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۇئمىنلەرگە: «توختاپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق نەپ ئېلىۋالايلى» دەيدۇ④. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر ئىزدەڭلار⑤» دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر*

***سېپىل سوقۇلىدۇ⑥، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ،***

① ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىشنىڭ مەنىسى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىش ۋە خەير-ئېھسان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل-مالنى ئەسلىدە ئاللاھ بەرگەنىدۇر، شۇنداق تۇرۇپ يەنە ئاللاھ تائالا ئۇنى قەرز بېرىش دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرىمى بولۇپ، خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىنغان پۇل-مالغا ساۋاب بېرىشنى خۇددى قەرزنى قايتۇرۇشتەك زۆرۈر بىلىدۇ.

② بۇ ئىش مەھشەردە پىلسىرات كۆۋرۈكىدە بولىدۇ. ئۇ نۇر ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى بولۇپ، ئۇلار شۇ نۇرنىڭ يورۇقىدا يۈرۈپ، جەننەتكە ئاسانلا يېتىپ بارىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ﴿وَبِأَيۡمَٰنِهِم﴾نىڭ مەنىسى: ئۇلارنىڭ ئوڭ قوللىرىدا ئۇلارنىڭ نامە-ئەمەللىرى بولىدۇ.

③ بۇ سۆزلەرنى ئۇلارغا ئۇلارنى قارشى ئېلىش ۋە يول باشلاش ئۈچۈن چىققان پەرىشتىلەر ئېيتىدۇ.

④ بۇ مۇناپىقلار مۇئمىنلەرگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئاستىدا مەلۇم مۇساپىگىچە ماڭىدۇ، كېيىن ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارغا قاراڭغۇلۇقنى مۇسەللەت قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار مۇئمىنلەردىن مۇشۇنداق تەلەپ قىلىدۇ.

⑤ ئۇنىڭ بىر مەنىسى مۇنداق: سىلەر دۇنياغا قايتىپ بىزگە ئوخشاش ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدىن سەرمايە ئېلىپ كېلىڭلار ياكى مۇئمىنلەر ئۇلارغا مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن: ئارقاڭلارغا قايتىپ، بىز نۇر ئېلىپ كەلگەن يەردىن نۇر ئىزدەڭلار، دەيدۇ.

⑥ يەنى مۇئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ.

بَاطِنُهُۥ فِيهِ ٱلرَّحۡمَةُ وَظَٰهِرُهُۥ مِن قِبَلِهِ ٱلۡعَذَابُ ١٣ يُنَادُونَهُمۡ أَلَمۡ
نَكُن مَّعَكُمۡۖ قَالُواْ بَلَىٰ وَلَٰكِنَّكُمۡ فَتَنتُمۡ أَنفُسَكُمۡ وَتَرَبَّصۡتُمۡ

وَٱرۡتَبۡتُمۡ وَغَرَّتۡكُمُ ٱلۡأَمَانِيُّ حَتَّىٰ جَآءَ أَمۡرُ ٱللَّهِ وَغَرَّكُم بِٱللَّهِ
ٱلۡغَرُورُ ﴿١٤﴾ فَٱلۡيَوۡمَ لَا يُؤۡخَذُ مِنكُمۡ فِدۡيَةٞ وَلَا مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ
مَأۡوَىٰكُمُ ٱلنَّارُۖ هِيَ مَوۡلَىٰكُمۡۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٥﴾

***دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە (مۆئمىنلەر بار تەرەپتە) رەھمەت①، تېشىدا (مۇناپىقلار بار تەرەپتە) ئازاب بولىدۇ② [13]. ئۇلار مۆئمىنلەرنى چاقىرىپ: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق» دەپ توۋلايدۇ③، مۆئمىنلەر: «(كۆرۈنۈشتە) شۇنداق ئىدى، لېكىن سىلەر (مۇناپىقلىق قىلىپ) ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلدىڭلار (يەنى كۆرۈنۈشتە بىز بىلەن بىللە بولساڭلارمۇ، لېكىن مۇناپىقلىق بىلەن ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلدىڭلار)④، (مۆئمىنلەرگە بالايىئاپەت كېلىشىنى) كۈتتۈڭلار⑤، (ئىسلامدىن، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن( شەكلەندىڭلار⑥، (يالغان) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى⑦. ئاخىر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرى (ئۆلۈم) كەلدى⑧، ئۇچىغا چىققان ئالدامچى (شەيتان) سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ ئەپۇ قىلىدىغانلىقى ۋە ئازاب قىلمايدىغانلىقى) بىلەن ئالدىدى⑨» دەيدۇ [14]. (ئۇلارغا): «بۈگۈن سىلەردىنمۇ، كاپىرلاردىنمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) فىدىيە ئېلىنمايدۇ، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ھەمراھتۇر⑩، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!» (دېيىلىدۇ) [15].***

① يەنى دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە جەننەت بولىدۇ، ئۇنىڭغا مۆئمىنلەر كىرىپ بولغان بولىدۇ.

② يەنى دەرۋازىنىڭ تېشى تەرىپىدە دوزاخ جايلاشقان جاي بولىدۇ.

③ يەنى سىپىل توسالغۇ بولغان چاغدا مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا شۇنداق دەيدۇ: بىز دۇنيادا سىلەر بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغان، سىلەر بىلەن جىھاد ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە قاتناشقان ئەمەسمىدۇق؟

④ بىرگە بولغان بىلەن، دىلىڭلاردا كۇفرى ۋە نىپاقنى يوشۇرغان ئىدىڭلار.

⑤ سىلەر مۇسۇلمانلارغا بىرەر كۈلپەت كېلىشىنى كۈتۈپ يۈردۈڭلار.

⑥ دىندىن شەكلىنىپلا يۈردۈڭلار، شۇ ۋەجىدىن نە قۇرئاننى، نە دەلىل-پاكىت ۋە مۆجىزىنى قوبۇل قىلمىدىڭلار.

⑦ شەيتان سىلەرنى يالغان ئارزۇلارغا مۇپتىلا قىلىپ قويدى.

⑧ يەنى ئاخىرى سىلەرگە ئۆلۈم كەلدى ياكى مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ ئارزۇلىرىڭلار بەربات بولدى.

⑨ يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۆھلەت بېرىش قانۇنىيىتى بويىچە جازالاشقا ئالدىرىمىغانلىقى سەۋەبلىك، شەيتان سىلەرنى ئالدىدى.

⑩ ﴿مَوْلَىٰ﴾ دېگەن باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغۇچى يەنى مەسئۇل بولغۇچى خوجايىننى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئىبارىنى «دوزاخ سىلەرگە ئىگىدۇر» دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنى دوزاخ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئەمدى ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا قاتتىق ئازابنىڭ تەمىنى تېتىشقا مەسئۇل بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ھەمىشە بىللە تۇرىدىغان ھەمراھمۇ ﴿مَوْلَىٰ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ، دەيدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئىبارىنى «دوزاخ سىلەرگە ھەمراھتۇر» دەپ ئىزاھلايدۇ، يەنى دوزاخ ئۇلارنىڭ ئەمدى مەڭگۈ بىللە تۇرىدىغان ھەمراھى بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ دوزاخقىمۇ ئەقىل-ئىدراك، ھېس-تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىرلارغا قارىتا قاتتىق غەزەپ-نەپرىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. يەنى ئۇلارنى جازالاشقا مەسئۇل بولۇپ، قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى «دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر» دەپ ئىزاھلايدۇ.

۞ أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ ٱللَّهِ وَمَا نَزَلَ
مِنَ ٱلْحَقِّ وَلَا يَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلُ فَطَالَ
عَلَيْهِمُ ٱلْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿١٦﴾ ٱعْلَمُوٓاْ
أَنَّ ٱللَّهَ يُحْىِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا ۚ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُمْ
تَعْقِلُونَ ﴿١٧﴾ إِنَّ ٱلْمُصَّدِّقِينَ وَٱلْمُصَّدِّقَٰتِ وَأَقْرَضُواْ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا

يُضَٰعَفُ لَهُمۡ وَلَهُمۡ أَجۡرٞ كَرِيمٞ ﴿١٨﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦٓ
أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصِّدِّيقُونَۖ وَٱلشُّهَدَآءُ عِندَ رَبِّهِمۡ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ
وَنُورُهُمۡۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ
ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٩﴾

***ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھنى ياد ئەتكەندە ۋە نازىل قىلىنغان ھەقىقەت (قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغاندا) دىللىرى ئېرىيدىغان (يەنى يۇمشايدىغان) ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟① ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردەك (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردەك) بولۇپ قالمىسۇن②. (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى③، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر④ [16]. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن زېمىننى (سۇسىزلىقتىن) ئۆلگەندىن كېيىن (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قاقاس، قۇرغاق زېمىننى يامغۇر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، سىلەرگە (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەرنى بايان قىلدۇق [17]. سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەرگە، سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا ۋە ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بەرگۈچىلەرگە (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، كەمبەغەللەرگە سەدىقە بەرگۈچىلەر، ياخشىلىق يوللىرىغا خۇشاللىق بىلەن پۇل - مال سەرپ قىلغۇچىلارغا) ھەسسىلەپ (ساۋاب) بېرىلىدۇ⑤ ھەم ئۇلارغا كاتتا مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار⑥ [18]. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار — ئەنە شۇلار سىددىقلار (يەنى ساداقەتمەن كىشىلەر) دۇر⑦، شېھىتلەردۇر، ئۇلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتقا ۋە نۇرغا ئېرىشىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە يالغانغا چىقارغانلار — ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر [19].***

① بۇ يەردىكى خىتاب مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، مەقسەت ئۇلارنى ئاللاھنى ياد ئېتىشكە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قۇرئاندىن ھىدايەت ھاسىل قىلىشقا تەرغىب قىلىشتۇر. ﴿أَن تَخۡشَعَ﴾ دىلىنىڭ

يۈمشاپ، ئاللاھقا بويسۇنۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الْحَقِّ﴾ دېگەندىن قۇرئان ئايەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② يەنى سىلەر يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا ئوخشاش بولماڭلار!

③ شۇ ۋەجىدىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى بۇرمىلىغۇەتتى ۋە ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇنىڭ بەدىلىگە دۇنيانىڭ ئاز-تولا پۇل-مېلىغا ئېرىشىشنى كەسىپ ۋە ئادەت قىلىۋالدى. كىتابنىڭ ئەھكاملىرىنى ئارقىلىرىغا چۆرۈۋەتتى. ئاللاھنىڭ دىنىدا بۇزرۇكلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان يولنى تاللىدى ۋە ئۇلارنى مەبۇد قىلىۋالدى. بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇكى، سىلەر ئۇلارغا ئوخشاش بولماڭلار، بولمىسا، سىلەرنىڭ دىلىڭلارمۇ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە قېتىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ لەنىتىگە دۇچار قىلغان ئىشلار سىلەرگىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

④ يەنى شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ دىللىرى بۇزۇق، ئەمەللىرى باتىلدۇر. يەنە بىر سۈرىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى﴾. (سۈرە مائىدە 13-ئايەت)

⑤ يەنى ئۇلارنىڭ بىر ياخشىلىقىنىڭ بەدىلىگە **10** ھەسسىدىن **700** ھەسسىگىچە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ساۋاب بېرىدۇ. ساۋابنى ھەسسىلەپ زىيادە بېرىش ئىخلاس، نىيەت، ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت، ماكان ۋە زامانغا ئاساسەن بولىدۇ. ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك مەككە پەتھى بولۇشتىن ئىلگىرى ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغانلارنىڭ ساۋابى ئۇنىڭدىن كېيىن پۇل-مال سەرپ قىلغانلارنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق بولىدۇ.

⑥ يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. بۇ ئايەتتىكى ﴿مُصَّدِّقِيْنَ﴾ ئەسلىدە " مُتَصَدِّقِيْنَ " بولۇپ، ئەرەب تىلى قائىدە بويىچە "ت " ھەرپى " ص " ھەرپىگە قوشۇۋېتىلگەن.

⑦ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردە توختاپ، تىنىشنى ئەۋزەل دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ﴿وَالشُّهَدَآءُ﴾نى ئايرىم جۈملە دەپ كۆرسەتكەن،

مەسىلەن: ﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار – ئەنە شۇلار ساداقەتمەن كىشىلەردۇر. شېھىتلەر رەببىنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتقا ۋە نۇرغا ئېرىشىدۇ﴾ سىددىقلار ماقامى بولسا، ئىمانى كامىل بولغان، راستچىللىق ۋە پاكلىقتا كامالەتكە يەتكەنلەرنىڭ ماقامىدۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر ئادەم دائىم راست سۆزلەيدۇ، راستچىللىق بىلەن ياشايدۇ ھەتتا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىددىق دەپ يېزىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 6094ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2607ـ ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە جەننەتتىكى سىددىقلارنىڭ ماقامى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، جەننەت ئەھلى (بەزىلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۆزلىرىدىن يۇقىرى مەرتىۋىدىكى قەسىر ئىگىلىرىنى خۇددى شەرق ياكى غەربتىكى يورۇق يۇلتۇزنى كۆرگەندەك ئۇچۇق كۆرۈپ تۇرىدۇ» (يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇ قەدەر زور پەرق بولىدۇ). ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بەلكىم ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسى بولۇپ باشقىلار ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىسە كېرەك؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئەمەس. مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ مەرتىۋىگە ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىغان كىشىلەر ئېرىشىدۇ» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 3256ـ ھەدىس) يەنى ئۇ ئىمان ۋە تەستىقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلارنىڭ ماقامىدۇر. (فەتھۇلبارى)

ٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا لَعِبٞ وَلَهۡوٞ وَزِينَةٞ وَتَفَاخُرُۢ بَيۡنَكُمۡ وَتَكَاثُرٞ فِي ٱلۡأَمۡوَٰلِ وَٱلۡأَوۡلَٰدِۖ كَمَثَلِ غَيۡثٍ أَعۡجَبَ ٱلۡكُفَّارَ نَبَاتُهُۥ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَىٰهُ مُصۡفَرّٗا ثُمَّ يَكُونُ حُطَٰمٗاۖ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٞ شَدِيدٞ وَمَغۡفِرَةٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضۡوَٰنٞۚ

*(ئى ئىنسانلار!) بىلىڭلاركى، دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن ـ تاماشىدىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان بىھۇدە) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل ـ مال ۋە پەرزەنتلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىشتىن (ماختىنىشتىن) ئىبارەتتۇر. ئۇ*

***ئۆسـۈملۈكى دېھقانلارنـى① خۇرسـەن قىلغـان يامغۇرغـا ئوخشـايدۇ، ئاندىـن ئـۇ ئۆسـۈملۈك قـۇرۇپ قالـىدۇ ـ دە، ئۇنىـڭ سـارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرسـەن، ئاندىـن ئـۇ پارچىلانغـان چۆپكـە ئايلىنىـدۇ② . ئاخىرەتتــە (كاپىرلارغــا) قاتتىــق ئــازاب بــار③ ، (مۇئمىنلەرگــە) ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار④ ،***

① بـۇ يـەردە «دېھقانـلار» ﴿الكُفَّـار﴾ دەپ ئاتالـدى. چۈنكـى، ئـۇ سـۆزنىڭ لۇغەتتىكـى مەنىسـى يوشـۇرغۇچى دېمەكتـۇر. كاپىرلارنىـڭ دىللىرىـدا ئاللاھنـى ۋە ئاخىرەتنـى ئىنـكار قىلىـش يوشـۇرۇنغان، شـۇ ۋەجىدىـن ئـۇلار كاپىـر دەپ ئاتالغـان. دېھقانـلار ئۇچۇنمـۇ بـۇ سـۆز ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكـى، ئۇلارمۇ زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى يەرگە تېرىپ، كۆمىدۇ يەنى يوشۇرىدۇ.

② بـۇ يـەردە دۇنيـا ھاياتىنىـڭ تېـز زاۋال تاپىدىغانلىقـى زىرائەتكـە ئوخشـىتىلدى. مەسـىلەن: زىرائـەت ئۆسـۈپ ئەتراپنـى يېشـىللىق قاپلىسـا، ئۇنـى كۆرگـەن دېھقانـلار ناھايىتـى خۇرسـەن بولـىدۇ. لېكىـن، ئـۇ زىرائـەت ناھايىتـى تېـزلا سـارغىيىپ، قـۇرۇپ كېتىـدۇ. شـۇنىڭدەك دۇنيانىـڭ زىبۇزىننەتلـىرى، مال ـ مۈلۈكلـىرى، بالـلار ۋە باشقا نەرسـىلەر ئىنسـاننىڭ كۆڭلىنـى خۇرسـەن قىلـىدۇ. لېكىـن، بـۇ ھاياتـى دۇنيامـۇ ۋاقىتلىـق بولـۇپ، ساباتى ۋە باقىيسى يوقتۇر.

③ يەنـى دۇنيانىـڭ ئويۇن ـ تاماشـىلىرى بىلـەن مەشغۇل بولـۇپ، بۇلارنـى ھاياتلىقنىـڭ غايە ـ مەقسـىتى دەپ چۈشـەنگەن كاپىـرلار ۋە گۇناھـكارلار ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بار.

④ يەنـى دۇنيانـى ھاياتنىـڭ بىردىنبىـر غايىسـى دەپ قارىمىغـان، بەلكـى ئۇنـى ۋاقىتلىـق پانـي مـاكان، ئىمتىھـان ئورنـى دەپ قـاراپ، ئاللاھنىـڭ كۆرسەتمىسـى بويىچـە ھايـات كەچۈرگـەن مۇئمىنلـەر ۋە ئىتائەتمـەن بەندىلـەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار.

وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلْغُرُورِ ﴿٢٠﴾ سَابِقُوٓاْ إِلَىٰ مَغْفِرَةٍ مِّن
رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا كَعَرْضِ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ أُعِدَّتْ لِلَّذِينَ
ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ ذَٰلِكَ فَضْلُ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ وَٱللَّهُ ذُو

ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٢١﴾ مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِيٓ
أَنفُسِكُمۡ إِلَّا فِي كِتَٰبٖ مِّن قَبۡلِ أَن نَّبۡرَأَهَآۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ﴿٢٢﴾

*دۇنيا ھاياتى پەقەت (غەپلەتتىكى ئادەم) ئالدىنىپ قالىدىغان بىر مەنپەئەتتىن ئىبارەتتۇر① [20]. رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىندەك كېلىدىغان② جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىراڭلار③. بۇ (مەغپىرەت بىلەن جەننەت) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ④، ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر⑤ [21]. يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن (ھادىسىلەر)⑥ ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان بالا - قازالارنىڭ ھەممىسى⑦ بىز يارىتىشتىن بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندۇر⑧. شەكسىزكى، بۇ (ئىش) ئاللاھقا ئاساندۇر [22].*

① دۇنيا – مەزكۇر زىبۇزىننەتلەرگە ئالدىنىپ ياشىغان، ئاخىرەت ئۈچۈن ھېچنېمە قىلمىغان ئادەم ئۈچۈن، قىسقا مەزگىل بەھرىمەن بولىدىغان جايدۇر. ئەمما، ئۇنى ئاخىرەتنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىشكە ئىشلەتكەن ئادەم ئۈچۈن، ئېخمۇ گۈزەل ھاياتقا ئېرىشىش ۋاستىسىدۇر.

② ئۇنىڭ كەڭلىكى بۇ قەدەر چوڭ بولسا، ئۇزۇنلۇقى قانچىلىك بولار؟ چۈنكى، ھەر قانداق يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى كەڭلىكىدىن چوڭ بولىدۇ.

③ يەنى ياخشى ئەمەل ۋە سەممىي تەۋبە قىلىشقا ئالدىراڭلار. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىشكە ۋەسىلە بولىدۇ.

④ شۇنىسى ئېنىقكى، كۇفرى ۋە گۇناھتىن تەۋبە قىلىپ، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل يولىنى تاللىغان كىشىنى ئاللاھ خالايدۇ، شۇڭا ئۇ ئاشۇنداق كىشىلەرنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

⑤ ئۇ خالىغان كىشىگە پەزلى - مەرھەمىتىنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ كىمگە بىر نەرسە بەرسە، ھېچكىم ئۇنى توختىتالمايدۇ، كىمدىن چەكلەپ قويسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا بېرەلمەيدۇ. ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ ئىلكىدە. ئۇ مۇتلەق سېخى، ھەقىقىي مەرد، قولى ئوچۇق زاتتۇر، ئۇنىڭدا بېخىللىقتىن قىلچە ئەسەر يوقتۇر.

⑥ مەسىلەن: قەھەتچىلىك، سەل كېلىش ۋە باشقا ھەر خىل ئاپەتلەر.

⑦ مەسىلەن: كېسەللىك، ھېرىپ-چارچاش، قىيىنچىلىق ۋە سىقىلىش قاتارلىقلار.

⑧ يەنى ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتنى يارىتىشتىن ئىلگىرىلا ھەممە نەرسىنى يېزىپ قويغاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن يازغان». (سەھىھ مۇسلىم 2653-ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 2156-ھەدىس)

لِّكَيۡلَا تَأۡسَوۡاْ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمۡ وَلَا تَفۡرَحُواْ بِمَآ ءَاتَىٰكُمۡۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخۡتَالٖ فَخُورٍ ﴿٢٣﴾ ٱلَّذِينَ يَبۡخَلُونَ وَيَأۡمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلۡبُخۡلِۗ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡغَنِيُّ ٱلۡحَمِيدُ ﴿٢٤﴾ لَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا رُسُلَنَا بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَأَنزَلۡنَا مَعَهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡمِيزَانَ لِيَقُومَ ٱلنَّاسُ بِٱلۡقِسۡطِۖ وَأَنزَلۡنَا ٱلۡحَدِيدَ فِيهِ بَأۡسٞ شَدِيدٞ وَمَنَٰفِعُ لِلنَّاسِ

*(ئاللاھ بۇلارنى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە (ئاللاھنىڭ) بەرگەنلىرىگە خۇشال بولۇپ (يەنى كۆرەڭلەپ) كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلدى)*① *. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان (كۆرەڭلەيدىغان) ماختانچاقلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ [23]. ئۇلار (ئۆزىمۇ) بېخىللىق قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى (مۇ) بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلاردۇر. كىمكى (ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن) باش تارتىدىكەن*② *، بىلىپ قويسۇنكى، (ئۇ ئاللاھقا ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر [24]. بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئوپئوچۇق دەلىل-پاكىتلار بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى ۋە مىزان (قانۇن)نى چۈشۈردۇق*③ *. تۆمۈرنى چۈشۈردۇق*④ *، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان*⑤ *، تۆمۈردە*

**ئىنسانلار ئۈچۈن (نۇرغۇن) مەنپەئەتلەر بار⑥،**

① بۇ يەردە چەكلەنگەن خۇشال بولۇپ كېتىش ۋە قايغۇرۇپ كېتىش بولسا ئىنساننى جايىز بولمىغان ئىشلارغا ئېلىپ بارىدىغان كۆرەڭلەپ كېتىش ۋە غەمكىن بولۇپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ. بولمىسا، كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئىشلاردا قايغۇرۇش، راھەتكە چىققاندا خۇشال بولۇش ئىنساندىكى تەبىئىي خاراكتېردۇر. ئەمما مۆئمىنگە كۆلپەت يەتسە، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولغان دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا سەۋر قىلىدۇ. نالە-پەرياد قىلىش بىلەن كۆلپەتنىڭ راھەتكە ئۆزگىرىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار راھەت-پاراغەتكە ئېرىشسە، خۇشاللىقتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. بۇ راھەت ۋە خۇشاللىقنى پەقەت ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان ئاللاھنىڭ پەزلى-كەرىمى ۋە ئېھسانى دەپ تونۇيدۇ.

② يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىدىكەن، چۈنكى بۇ بېخىللىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

③ ﴿اَلْمِيْزَانَ﴾ دېگەندىن ئادالەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك بىز كىشىلەرنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدۇق. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى تارازۇ، مىزان دەپ تەپسىر قىلىدۇ، «مىزاننى چۈشۈردۇق» دېگەننىڭ مەنىسى، بىز كىشىلەرنى مىزان تەرەپكە يۈزلىنىشكە ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆلچەپ كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىشكە ئەمر قىلدۇق. (فەتھۇلقەدىر)

④ بۇ يەردىكى ﴿اَنْزَلْنَا الْحَدِيْدَ﴾ «تۆمۈرنى چۈشۈردۇق» دېگەن تۆمۈرنىڭ دەسلەپتە ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: بىز تۆمۈرنى ياراتتۇق، ئۇنىڭ بىلەن ھەرخىل نەرسىلەرنى ياساشنى ئۆگەتتۇق. تۆمۈردىن نۇرغۇن نەرسىلەر ياسىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئىلھامى ۋە بىلىمىنىڭ نەتىجىسىدۇر. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ يەنى تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدۇ. مەسىلەن: قىلىچ، نەيزە، مىلتىق، ئاتوم بومبىسى، تانكا، زەمبىرەك، راكېتا، سۇ ئاستى ئۇرۇش پاراخوتلىرى، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى قاتارلىقلار. بۇ نەرسىلەر بىلەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغىلى ھەم مۇداپىئە قىلغىلى بولىدۇ.

⑥ ئۇرۇش قوراللىرىدىن باشقا يەنە تۆمۈردىن نۇرغۇنلىغان سايمان ۋە ئەسلىھەلەر ياسىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلار مەسىلەن: پىچاق، پالتا، كەكە، ھەرە، بولقا، گۈرجەك قاتارلىقلار. شۇنىڭدەك يەنە دېھقانچىلىق، ياغاچچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ۋە بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ-كىچىك سايمان، ھەرخىل ماشىنا ۋە ئۈسكۈنىلەرمۇ تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥ وَرُسُلَهُۥ بِٱلْغَيْبِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِىٌّ عَزِيزٌ ﴿٢٥﴾
وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا وَإِبْرَٰهِيمَ وَجَعَلْنَا فِى ذُرِّيَّتِهِمَا ٱلنُّبُوَّةَ وَٱلْكِتَـٰبَ ۖ
فَمِنْهُم مُّهْتَدٍ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَـٰسِقُونَ ﴿٢٦﴾ ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَىٰٓ ءَاثَـٰرِهِم
بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ وَءَاتَيْنَـٰهُ ٱلْإِنجِيلَ ۖ وَجَعَلْنَا فِى
قُلُوبِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً ۚ وَرَهْبَانِيَّةً ٱبْتَدَعُوهَا

***بۇ يەنە ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە غايىبانە ياردەم بېرىدىغانلارنى بىلىشى (ئوتتۇرىغا چىقىرىشى)① ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر② [25]. بىز ھەقىقەتەن نۇھنى ۋە ئىبراھىمنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھىدايەت تاپقانلار بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر [26]. ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇردۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق③، رەھبانىيەتنى (يەنى تەركىدۇنيالىقنى) ئۇلار ئۆزلىرى يېڭىدىن پەيدا قىلىۋالدى④،***

① ﴿وَلِيَعْلَمَ﴾دىكى باغلىغۇچى يۇقىرىدىكى ﴿لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾ «ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ» دېگەن ئىبارىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، كىتاب، مىزان ۋە تۆمۈرنى نازىل قىلىشتىكى يەنە بىر مەقسەت شۇكى، كىملەرنىڭ ئاللاھنى كۆرمەي

تۇرۇپ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە ئۇلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر. (فەتھۇلقەدىر)

② ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياردىمىدىن بىھاجەتتۇر. يەنى كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە ئەلچىلىرىگە ياردەم قىلىشىغا موھتاج ئەمەس، بەلكى ئاللاھ خالىسا، كىشىلەرنىڭ ياردىمىسىز پەيغەمبەرلىرىگە غەلىبە ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ياردەم قىلىشقا ئەمر قىلىنىشى شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىقتۇر. مەقسەت ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى رازى قىلىپ، ئۇنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە لايىق بولسۇن ئۈچۈندۇر.

③ ﴿رَأۡفَةً﴾ شەپقەت، رەھىمدىللىق ۋە ﴿رَحۡمَةً﴾ مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق دېگەن مەنىدە. «ئەگەشكەنلەر» دېگەندە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاۋارىيلىرى-ھەمراھلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا بىر-بىرىگە مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىقنى پەيدا قىلدۇق. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ﴿رُحَمَآءُ بَيۡنَهُمۡ﴾ بىر-بىرىگە مېھرىبان ۋە ئۆزئارا كۆيۈمچان ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەكسىچە يەھۇدىيلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئەمەس ئىدى.

④ ﴿رَهۡبَانِيَّةً﴾دىكى " ر" ھەرپى زەۋەر ئوقۇلسا، " رَهَبَ " قورقۇنچ دېگەن سۆزدىن تۇرلىنىپ چىققان بولىدۇ. ئەگەر " ر" ھەرپى پىش ئوقۇلسا، " رُهۡبَانٌ " راھىب بولماق دېگەن سۆزگە مەنسۇپ بولغان بولىدۇ. رەھبانىيەت دېگەن تەركىدۇنيا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ يەنى دۇنيادىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، چۆل-جەزىرىلەرگە كىرىپ كېتىپ، شۇ يەردە ئىبادەت قىلىش دېمەكتۇر. بۇ تەركىدۇنيالىقنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق بولغان: ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۆتكەن پادىشاھلار تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، بۇنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىر جامەئە قوبۇل قىلمىغان. ئۇلار پادىشاھلاردىن قورقۇپ تاغلارغا كېتىپ غارلاردا ۋە چۆللەردە پاناھلانغان ۋە شۇ يەردە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان. مانا بۇ رەھبانىيەتنىڭ باشلىنىشى ئىدى، دېمەك ئۇ مەجبۇرىيەت سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىدى. لېكىن، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىلگىرىكى بۇزرۇكلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، تەركىدۇنيا بولۇشنى ئىبادەتنىڭ بىر تۈرى قىلىۋالدى، چېركاۋلار ۋە

ئىبادەتخانىلارغا كىرىۋېلىپ، سىرتقا چىقمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دۇنيادىن يۈتۈنلەي ئالاقىنى ئۈزۈشنى مۇھىم شەرت قىلىۋالدى. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئەمەلىنى ﴿ابْتَدَعُوهَا﴾ «ئۇلار ئۆزلىرى يېڭىدىن پەيدا قىلىۋالدى» دەپ ئاتىدى. دىندا يوق نەرسىنى يېڭىدىن پەيدا قىلىش بىدئەت دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 2697-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1718-ھەدىس)

مَا كَتَبْنَٰهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ٱبْتِغَآءَ رِضْوَٰنِ ٱللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ
رِعَايَتِهَا ۖ فَـَٔاتَيْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنْهُمْ أَجْرَهُمْ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ
فَٰسِقُونَ ﴿٢٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَءَامِنُوا۟ بِرَسُولِهِۦ
يُؤْتِكُمْ كِفْلَيْنِ مِن رَّحْمَتِهِۦ وَيَجْعَل لَّكُمْ نُورًا تَمْشُونَ بِهِۦ
وَيَغْفِرْ لَكُمْ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٨﴾ لِّئَلَّا يَعْلَمَ أَهْلُ ٱلْكِتَٰبِ أَلَّا
يَقْدِرُونَ عَلَىٰ شَىْءٍ مِّن فَضْلِ ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱلْفَضْلَ بِيَدِ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن
يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٢٩﴾

*ئۇلارغا ئۇنى (يەنى تەركىدۇنيالىقنى) بىز بۇيرۇمىدۇق①، لېكىن ئۇلار ئۇنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ (پەيدا قىلىۋالدى)②، بىراق ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى③، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى بەردۇق④، ئۇلاردىن كۆپلىرى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر [27]. ئى (ئىيساغا) ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ⑤ ۋە سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىرات ئۈستىدە يورۇقىدا) ماڭىدىغان نۇرنى ئاتا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [28]. بۇ (ئەھكاملارنىڭ بايان قىلىنغانلىقى) ئەھلى كىتابنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىگە ئۆزلىرىنىڭ قىلچە*

*ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، پەزلىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەزل-كەرەم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر⑥* *[29]*.

① بۇ جۈملە ئالدىنقى ئۇقۇمنى تەكىتلەپ كەلگەن، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۇنىڭغا بۇيرۇمىغان ئىدى.

② يەنى ئۇلار بۇ ئىشنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ پەيدا قىلغان ئىدى. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، بىز ئۇلارغا بىزنىڭ رازىلىقىمىزنى تىلەشنى پەرز قىلغان ئىدۇق. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇچۇقلىدىكى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى دىندا بىدئەت پەيدا قىلىش بىلەن ھاسىل بولمايدۇ، گەرچە ئۇ ھەر قانچە ياخشى كۆرۈنىدىغان ئىش بولسىمۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ.

③ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىچە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۆزلىرىگە ۋاجىب قىلىۋالغان رەھبانىيەتكە تولۇق رىئايە قىلمىدى. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولسا ئىدى، يېڭى يول (بىدئەت) پەيدا قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئەگىشىش يولىنى تاللىغان بولاتتى.

④ بۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغانلار ئىدى.

⑤ بۇ يەردىكى ئىككى ھەسسە ئەجىر شۇنداق كىشىلەرگە بېرىلىدۇكى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلاردۇر. خۇددى ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە ئۇلارنىڭ ساۋابى ئىككى ھەسسە بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ماڭا ئىمان ئېيتقان ئەھلى كىتاب، بۇلارغا شۇ ئەمەلى ئۈچۈن ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاللاھنىڭ ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلغان قۇل. بۇنداق ئادەمگە ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، قول ئاستىدىكى دېدىكىنى ياخشى تەربىيەلىگەن، ئاندىن ئۇنى ئازات قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز نىكاھىغا

ئالغان ئادەم، بۇنداق ئادەمگە ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 97-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 154-ھەدىس) يەنە بىر تەپسىرگە ئاساسەن ئەھلى كىتاب ئۆزلىرىگە ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ كەتكەن چاغدا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. (تەپسىلاتى تەپسىر ئىبنى كەسىردە)

⑥ ﴿لِّئَلَّا﴾دىكى لام ئارتۇق بولۇپ، مەنىسى: ئەھلى كىتاب ئاللاھنىڭ پەزلىدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى چوقۇم بىلىشى ئۈچۈن، يۇقىرىدىكىلەر بايان قىلىندى. (فەتھۇلقەدىر)

# سۈرە مۇجادىلە

| (٥٨) سورة المجادلة مدنية ٢٢ آية | (58) سۈرە مۇجادىلە مەدىنىدە چۈشكەن 22 ئايەت |
| --- | --- |

28

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قَدْ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوْلَ ٱلَّتِي تُجَٰدِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِيٓ إِلَى ٱللَّهِ وَٱللَّهُ
يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَآۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ بَصِيرٌ ١ ٱلَّذِينَ يُظَٰهِرُونَ مِنكُم
مِّن نِّسَآئِهِم مَّا هُنَّ أُمَّهَٰتِهِمْۖ إِنْ أُمَّهَٰتُهُمْ إِلَّا ٱلَّٰٓـِٔي وَلَدْنَهُمْۚ وَإِنَّهُمْ
لَيَقُولُونَ مُنكَرًا مِّنَ ٱلْقَوْلِ وَزُورًاۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَعَفُوٌّ غَفُورٌ ٢

***(ئى پەيغەمبەر!) ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا دەردىنى ئېيتقان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى. ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزلەشكىنىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ① . چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [1]. سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر② . شەكسىزكى، ئۇلار (زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ،***

① بۇ ئايەتتە خەۋلە بىنتى مالىك ئىبنى سەئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ۋەقەسى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى ئەۋس ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى زىھار قىلغان ئىدى. زىھار قىلىش دېگەن ئەرنىڭ ئايالىغا: «سېنىڭ ئۇچاڭ ماڭا ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش» دېگەنلىكىدۇر. جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇنداق دېيىش تالاق قىلغان بىلەن ئوخشاش ھېسابلىناتتى. خەۋلە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تاكى ئۆزى ھەققىدە ئايەت نازىل بولغىچە ناھايىتى پەرىشان بولۇپ يۈردى. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ دەرھال ھۆكۈم چىقارمىغان، ئۇ ئايالمۇ پات-پات كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىپ تۇرغان ئىدى. ئاخىرى بۇ ئايەتلەر نازىل بولۇپ، زىھار مەسىلىسىنىڭ ھۆكمى ۋە كاپارىتىنى بايان قىلىپ بەردى. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 2214-ھەدىس) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، مۇنازىرىلەشكۇچى ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدە ئېرىدىن شىكايەت قىلىۋاتاتتى، مەن شۇ ئۆيدە تۇرۇپمۇ ئۇ ئايالنىڭ سۆزلىرىدىن بەزىلىرىنى ئاڭلاپ، بەزىلىرىنى ئاڭلىيالماي تۇراتتىم. لېكىن ئاللاھ تائالا يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى». (سۇنەنى ئىبنى ماجە 188-ھەدىس، سەھىھۇل بۇخارى 7386-ھەدىس)

② زىھارنىڭ ھۆكمى بايان قىلىنغان بۇ ئايەتتە دېيىلدىكى، سىلەرنىڭ بۇ سۆزۈڭلار بىلەن ئاياللىرىڭلار سىلەرنىڭ ئانىڭلار بولۇپ قالمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا سېنىڭ ئۇچاڭ قىزىمنىڭ ياكى ھەمشىرەمنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دېسە، بۇ زىھار قىلغان بولامدۇ-يوق؟ ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇمۇللاھ بۇنى زىھار قىلغان ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. باشقا ئۆلىمالار ئۇنداق قارىمايدۇ. (ئالدىنقى سۆز ئەڭ توغرا دەپ قارىلىدۇ) ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا سەن ئانامغا ئوخشاش دېسە، ئۇچىسىنى تىلغا ئالمىسا، قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر زىھار قىلىش نىيىتى بىلەن مەزكۇر سۆزلەرنى دېسە، زىھار قىلغان بولىدۇ، نىيەت قىلمىغان بولسا، زىھار بولمايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئايالنى ئانىسىنىڭ قاراش جايىز بولىدىغان ئەزالىرىغا ئوخشاتسا، زىھار قىلغان بولمايدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىچە: پەقەت «ئانامنىڭ

ئۇچىسىغا ئوخشاش» دېگەن سۆز بىلەنلا زىھار قىلغان بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

وَٱلَّذِينَ يُظَٰهِرُونَ مِن نِّسَآئِهِمۡ ثُمَّ يَعُودُونَ لِمَا قَالُواْ فَتَحۡرِيرُ رَقَبَةٖ مِّن قَبۡلِ أَن يَتَمَآسَّاۚ ذَٰلِكُمۡ تُوعَظُونَ بِهِۦۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ٣

***شەكسىزكى، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر① [2]. ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن دېگەن سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار② (ئايالى بىلەن) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم③. سىلەرگە بۇنىڭ بىلەن نەسىھەت قىلىنىۋاتىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [3].***

① چۈنكى ئاللاھ كاپارەتنى بۇ مۇنكەر ۋە يالغان سۆز ئۇچۇن كەچۈرۈم قىلىش ۋاستىسى قىلدى.

② ئەمدى زىھارنىڭ ھۆكمى تەپسىلىي بايان قىلىنىۋاتىدۇ. «پۇشايمان قىلغانلار» ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولماقچى بولغانلار دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

③ يەنى بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى كاپارەتنى ئادا قىلىش كېرەك. كاپارەت شۇكى، 1-بىر قۇل ئازات قىلىش. 2-ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇش كېرەك. ئەگەر ئارىلىقتا شەرئىي ئۆزرىسى بولماستىن روزىنى ئۈزۈپ قويسا، قايتىدىن باشلاپ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. شەرئىي ئۆزرە دېگەن كېسەل بولۇپ قېلىش ياكى سەپەر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. 3-ئەگەر ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىسا، 60 مىسكىنگە تاماق بېرىش كېرەك. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ھەربىر مىسكىنگە ئىككى مۇد (چارەك كەم بىر كىلو) تاماق بېرىش كېرەك. بەزى ئۆلىمالار: بىر مۇد بەرسە كۇپايە

قىلىدۇ، دەيدۇ. لېكىن قۇرئاننىڭ لەۋزىدىن مەلۇم بولىدۇكى، مىسكىننىڭ قورسىقى تويغىچە تاماق بېرىش ياكى شۇنچىلىك مىقداردا يېمەكلىك بېرىش كېرەك. ھەممىگە بىر قېتىمدىلا تاماق بېرىش شەرت ئەمەس، بەلكى بىر قانچە قېتىمغا بۆلۈپ-بۆلۈپ سانىنى توشقۇزسىمۇ بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) شۇنى بىلمەك زۆرۈركى، تولۇق بىرىپ بولمىغۇچە ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇش جايىز بولمايدۇ.

فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ مِن قَبْلِ أَن يَتَمَآسَّاۖ
فَمَن لَّمْ يَسْتَطِعْ فَإِطْعَامُ سِتِّينَ مِسْكِينًاۚ ذَٰلِكَ لِتُؤْمِنُواْ بِٱللَّهِ
وَرَسُولِهِۦۚ وَتِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِۗ وَلِلْكَٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٌ ٤ إِنَّ ٱلَّذِينَ
يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ كُبِتُواْ كَمَا كُبِتَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْۚ وَقَدْ
أَنزَلْنَآ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٍۚ وَلِلْكَٰفِرِينَ عَذَابٌ مُّهِينٌ ٥ يَوْمَ يَبْعَثُهُمُ
ٱللَّهُ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوٓاْۚ أَحْصَىٰهُ ٱللَّهُ وَنَسُوهُۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ
شَيْءٍ شَهِيدٌ ٦ أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِۖ
مَا يَكُونُ مِن نَّجْوَىٰ ثَلَٰثَةٍ إِلَّا هُوَ رَابِعُهُمْ وَلَا خَمْسَةٍ إِلَّا هُوَ
سَادِسُهُمْ وَلَآ أَدْنَىٰ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكْثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمْ أَيْنَ مَا
كَانُواْۖ

***(ئازاد قىلىشقا قۇل) تاپالمىغان ئادەم، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم 60 مىسكىننى تويغۇزۇشى لازىم، بۇ (ھۆكۈملەر) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرى (يەنى قانۇنىدۇر)، (بۇنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا قاتتىق ئازاب بار [4]. شەكسىزكى، ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلار ئۇلاردىن بۇرۇنقىلار① خار قىلىنغاندەك خار قىلىنىدۇ②، بىز ھەقىقەتەن (ھالال، ھارام، پەرز ۋە ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) روشەن ئايەتلەرنى نازىل***

***قىلدۇق، كاپىرلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار [5]. ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغدا قىلغان) قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى (نامە ـ ئەمەلگە) خاتىرىلەپ قويغان، ئۇلار بولسا ئۇنتۇپ قالغان③. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر④ [6]. ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسى ئەلۋەتتە ئاللاھتۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسى ئەلۋەتتە ئاللاھتۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن⑤، ئۇلار قەيەردە بولسۇن⑥، ئاللاھ ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر.***

① بۇلاردىن مۇشۇنداق قارشىلىشىش سەۋەبىدىن ھالاك بولغان ئىلگىرىكى قەۋملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② ﴿كُبِتُوا﴾ ئەسلىدە «خار قىلىندى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان مەجھۇل دەرىجىسىدۇر. ئاللاھ تائالا كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشنى ئۆتكەن زامان پېئىلى بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق، شۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ۋە ئەمەلگە ئېشىشى ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولغان ئىشتەك شەكسىزدۇر، دېگەن ئۇقۇمنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەردى. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. مەككە مۇشرىكلىرى بەدرى غازىتى بولغان كۈنى خارلىقتا قالدى، بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىر قىسمى ئەسىر ئېلىندى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى ئۇلارغا نىسبەتەن ئېغىر خارلىق بولدى.

③ بۇ ئايەت كىشىلەرنىڭ زېھنىدە پەيدا بولىدىغان «بۇ قەدەر كۆپ ۋە تۈرلۈك گۇناھلارنى خاتىرىلەش مۇمكىن بولامدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولىدۇ. ئۇنىڭدا دېيىلىدىكى، بۇ ئىش سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا سىلەر ئۆزۈڭلار قىلغان ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن، بۇ ئىش ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھېچ مۇشكۈل ئەمەس. ئۇ سىلەردىن ھەربىر كىشىنىڭ ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ، ساقلاپ قويغاندۇر.

④ ئۇنىڭغا ھېچنەرسە مەخپىي قالمايدۇ. تۆۋەندە ھەممە نەرسە

ئۇنىڭ ئىلمىدە ئىكەنلىكى تېخىمۇ روشەن بايان قىلىنىدۇ.

⑤ يەنى بۇ يەردە «ئۈچ ئادەم ياكى بەش ئادەم» دېگەن سانىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەملەر ئارىسىدىكى پىچىرلىشىش ۋە گەپ-سۆزلەردىن ئاللاھ خەۋەرسىز قالىدۇ دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى، بۇ يەردىكى سان پەقەت مىسال ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت پىچىرلاشقانلارنىڭ سانى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندە بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەربىر بەندىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۆز-ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

⑥ پىچىرلاشقانلار خىلۋەتتە بولسۇن ياكى ئاشكارا بولسۇن، شەھەردە بولسۇن ياكى جاڭگال-سەھرالاردا بولسۇن، زېچ ئولتۇراق رايوندا بولسۇن ياكى ئادىمىزات ياشىمايدىغان تاغلار، چۆللەر، غارلاردا بولسۇن، قەيەردە بولسا، ئۇلارنى ئاللاھتىن يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.

ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُواْ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ٧
أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نُهُواْ عَنِ ٱلنَّجۡوَىٰ ثُمَّ يَعُودُونَ لِمَا نُهُواْ عَنۡهُ
وَيَتَنَٰجَوۡنَ بِٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِ وَمَعۡصِيَتِ ٱلرَّسُولِۖ وَإِذَا جَآءُوكَ
حَيَّوۡكَ بِمَا لَمۡ يُحَيِّكَ بِهِ ٱللَّهُ وَيَقُولُونَ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ لَوۡلَا يُعَذِّبُنَا
ٱللَّهُ بِمَا نَقُولُۚ

*ئاندىن قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ①، شەكسىزكى ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر [7]. (ئى پەيغەمبەر! يامانلىق ئۈچۈن) پىچىرلىشىشتىن مەنئى قىلىنغان، ئاندىن مەنئى قىلىنغان ئىشقا قايتقان② ۋە (ئۆزئارا) گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشقان③ كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، ئاللاھ ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان (ساڭا ھالاكەت بولسۇن دېگەندەك) سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ④، ئۇلار ئىچىدە: «(ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر*

*بولىدىغان بولسا) ئاللاھ نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ؟» دەيدۇ⑤،*

① يەنى شۇنىڭغا ئاساسەن ھەربىر كىشىگە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. سالىھلارغا ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى بېرىلىدۇ، يامانلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ.

② بۇلاردىن مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قاچانكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار باشلىرىنى بىر-بىرىگە يېقىن ئەكېلىپ، غەلىتە بىر شەكىلدە پىچىرلاشقىلى تۇراتتى، بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر: ئۇلار بىزگە قارشى سۇيىقەست پىلانلاۋاتقان بولسا كېرەك ياكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا دۈشمەن ئەسكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ، تالاپەتكە ئۇچراتقان بولسا، بۇنىڭ خەۋىرى ئۇلارغا يەتكەنمىدۇ، دېگەندەك ئويلاردا بولۇپ، تەشۋىشلىنىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇشۇنداق پىچىرلىشىشتىن توستى. لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلار يەنە ھېلىقى غەلىتە پىچىرلىشىدىغان ئادىتىنى باشلىدى. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ مەزكۇر قىلمىشلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

③ ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرى ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىققا ياتىدىغان تېمىلاردا ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىغان ۋە گۇناھ بولىدىغان تېمىلاردا بولاتتى. مەسىلەن: غەيۋەت قىلىش، بوھتان چاپلاش، بەھۇدە پاراڭ، بىر-بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتمەك ۋەھاكازالار.

④ يەنى ئاللاھ تائالا سالام قىلىشتا قوللىنىشقا بۇيرۇغان ئىبارە «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» ئىدى، ئەمما يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ، «ئەسسامۇ ئەلەيكۇم» يەنى «ساڭا سام (ئۆلۈم) بولسۇن» دەيتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋابەن: «ۋەئەلەيكۇم» يەنى «ئۆزۈڭلەرگىمۇ بولسۇن»، دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگىمۇ تەكىتلەپ: «ئەگەر سىلەرگە ئەھلى كىتابتىن بىرى سالام قىلسا، سىلەرمۇ " وَعَلَيْكَ " «ئۆزۈڭگىمۇ بولسۇن دەڭلار» يەنى دېگەن سۆزۈڭ ئۆزۈڭگە بولسۇن دەڭلار، دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 6030-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2164-ھەدىس)

⑤ يەنى ئۇلار ئىچىدە ياكى ئۆزئارا بىر-بىرىگە: ئەگەر بۇ ئادەم راست پەيغەمبەر بولغان بولسا، ئاللاھ بىزنىڭ يامان قىلمىشىمىز ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، بىزنى جازالىغان بولاتتى، دېيىشىدۇ.

حَسۡبُهُمۡ جَهَنَّمُ يَصۡلَوۡنَهَاۖ فَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ٨ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ
إِذَا تَنَٰجَيۡتُمۡ فَلَا تَتَنَٰجَوۡاْ بِٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِ وَمَعۡصِيَتِ ٱلرَّسُولِ
وَتَنَٰجَوۡاْ بِٱلۡبِرِّ وَٱلتَّقۡوَىٰۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِيٓ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ٩ إِنَّمَا
ٱلنَّجۡوَىٰ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ لِيَحۡزُنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَيۡسَ بِضَآرِّهِمۡ
شَيۡـًٔا إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ١٠

***دوزاخ ئۇلارغا يېتەرلىك (جازا) دۇر، ئۇلار شۇ دوزاخقا كىرىدۇ① ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [8]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر پىچىرلاشساڭلار، گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماڭلار② ، ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق ھەققىدە پىچىرلىشىڭلار③ ۋە سىلەر دەرگاھىغا توپلىنىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار [9]. (گۇناھ، دۈشمەنلىك ۋە ئاسىيلىق توغرىسىدا) پىچىرلىشىش پەقەتلا شەيتان تەرىپىدىن بولۇپ، مۇئمىنلەرنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈندۇر④ . (بۇنداق پىچىرلىشىش) ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز مۇئمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، مۇئمىنلەر (يېگانە) ئاللاھقىلا تايانسۇن⑤ [10].***

① يەنى ئەگەر ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى بويىچە دۇنيادا ئۇلارغا دەرھال جازا بەرمىگەن بولسا، ئۇلار ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلالامدۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە ياق. دوزاخ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ.

② يەنى يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار پىچىرلاشقان تېمىدا پىچىرلاشماڭلار، بۇ ئۇلارنىڭ يامان ئادىتىدۇر. بۇ يەردە مۇئمىنلەرگە ئەخلاقىي تەربىيە بېرىلىۋاتىدۇ. ئەگەر سىلەر ئىمان دەۋاسىدا راستچىل بولساڭلار،

سىلەرنىڭ پىچىرلىشىشلىرىڭلار يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ پىچىرلىشىشىدەك گۇناھ ۋە زۇلۇم توغرىسىدا بولمىسۇن.

③ يەنى پەقەت خەيرلىك ۋە ئىجابىي تېمىدا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشنى چىقىش قىلغان ئاساستا بولسۇن، چۈنكى بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەل ۋە تەقۋالىقتۇر.

④ يەنى گۇناھ، دۈشمەنلىك ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلىشىش شەيتاننىڭ ئەمەلىدۇر. چۈنكى، شەيتان شۇنداق ئىشلارغا كۈشكۈرتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق مۆئمىنلەرنى غەم-ئەندىشىگە مۇپتىلا قىلماقچى بولىدۇ.

⑤ لېكىن بۇنداق پىچىرلىشىش ۋە شەيتانىي ھەرىكەتلەر، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولمىسىلا، مۆئمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا، سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئۇنداق ھەرىكەتلىرىدىن پەرىشان بولماڭلار، بەلكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭلار. چۈنكى، بارلىق ئىشلاردىكى ئىختىيار ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەكچى بولغان يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئىلكىدە ئىختىيار يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىچىرلىشىش ھەققىدە مۇسۇلمانلارغا ئەخلاقىي تەلىمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەردىن ئۈچ كىشى بىر يەردە بولساڭلار، بىر كىشىنى قاتماي ئىككى كىشى ئۆزئارا پىچىرلاشمىسۇن، ئۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ئۈچىنچى كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ». (سەھىھ بۇخارى 6290-ھەدىس (ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: «ئەگەر سىلەردىن ئۈچ كىشى بولسا، ئىككى كىشى ئۈچىنچى كىشىدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ ئۆزئارا پىچىرلاشمىسۇن. ئۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ئۈچىنچى كىشىگە ئازار بېرىشى مۇمكىن». (سەھىھ مۇسلىم 2184-ھەدىس) دېمەك ئۈچىنچى شەخستىن رۇخسەت ئېلىپ، ئۇ رازى بولغاندىن كېيىن ئىككى شەخسنىڭ ئۆزئارا پىچىرلىشىشى جايىزدۇر، بۇ ئەھۋالدا ئۈچىنچى شەخس تەشۋىشلەنمەيدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قِيلَ لَكُمۡ تَفَسَّحُواْ فِي ٱلۡمَجَٰلِسِ
فَٱفۡسَحُواْ يَفۡسَحِ ٱللَّهُ لَكُمۡۖ وَإِذَا قِيلَ ٱنشُزُواْ فَٱنشُزُواْ يَرۡفَعِ ٱللَّهُ

ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ دَرَجَٰتٖۚ وَٱللَّهُ بِمَا
تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ١١ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نَٰجَيۡتُمُ ٱلرَّسُولَ
فَقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيۡ نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَةٗۚ

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سورۇنلاردا سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېيىلسە، سىلەر دەرھال ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار①، ئاللاھ سىلەرگىمۇ (رەھمىتى ۋە جەننىتىدىن) كەڭ ئورۇن بېرىدۇ②، ئەگەر سىلەرگە: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار③، ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ④، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار [11]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولساڭلار، مەخپىي سۆزلىشىشتىن بۇرۇن (يوقسۇللارغا) سەدىقە بېرىڭلار⑤.***

① بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارغا ئىجتىمائىي سورۇنلاردا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ-قائىدىلەر تەلىم بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى سورۇن ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار ياخشىلىق ۋە ساۋاب ھاسىل قىلىش ئۈچۈن جەم بولىدىغان ھەر قانداق سورۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ۋەز-نەسىھەت ئۈچۈن جەم بولغان سورۇن ياكى جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن جەم بولغان جاي قاتارلىقلار. (تەپسىر قۇرتۇبى) «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېگەننىڭ مەنىسى مۇنداق: كېيىن كەلگەنلەرگە ئورۇن تەگسۇن ئۈچۈن سورۇننىڭ دائىرىسىنى كەڭرى قىلىڭلار. سورۇننىڭ دائىرىسىنى تار قىلىۋالماڭلار، كېيىن كەلگەنلەر ئۆرە تۇرۇپ قالمىسۇن ياكى ھېچكىم ئىلگىرى ئولتۇرۇپ بولغان ئادەمنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن. ھەر ئىككىسى ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم ئۆزى ئولتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر ئادەمنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋەتمىسۇن، مەجلىسنىڭ دائىرىسىنى كەڭ قىلىپ ئولتۇرۇڭلار». (سەھىھۇل بۇخارى 911-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2177-ھەدىس)

② يەنى ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھ تائالا سىلەرگە جەننەتنى كەڭ

قىلىپ بېرىدۇ ياكى سىلەر قەيەردە كەڭچىلىك ۋە ئازادىلىككە موھتاج بولساڭلار، شۇ يەردە كەڭچىلىك ئاتا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆيۈڭلارنى، رىزىقىڭلارنى، قەبرەڭلەرنى ۋە ھەممە جايىنى سىلەرگە كەڭ قىلىپ بېرىدۇ.

③ يەنى جىھاد قىلىش ئۈچۈن، ناماز ئۈچۈن ياكى ھەر قانداق بىر ياخشى ئەمەل ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، دېيىلسە. ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار. ياكى بىر مەجلىستىن تۇرۇپ كېتىڭلار، دېيىلسە، دەرھال تۇرۇپ كېتىڭلار. مۇسۇلمانلارغا بۇنداق ئەمر قىلىنىشتىكى سەۋەب شۇكى، ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنىدىن تۇرۇپ كېتىشنى يەنى سورۇندىن چىقىپ كېتىشنى ياقتۇرمايتتى، شۇنىڭدەك بەزى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچى بولغان كىشىلەرگە قولايسىزلىق كەلتۈرەتتى.

④ يەنى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دەرىجىسىنى ئىمان ئېيتمىغانلاردىن ۋە ئىمان ئېيتقان ھەم ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دەرىجىسىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ. دېمەك، ئىمان ئېيتىش بىلەن دىن ئىلمىنى ئۆگىنىش دەرىجىلەرنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

⑤ ھەربىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى، بۇنداق پاراڭلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياقتۇرمايتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئورۇنسىز گەپكە تۇتۇپ ئاۋارە قىلاتتى، بۇنىڭدىن ساھابە كىراملار بىئاراملىق ھېس قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايرىم پاراڭلاشماقچى بولغانلارنىڭ سانىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بۇ ھۆكۈمنى نازىل قىلدى.

ذَٰلِكَ خَيۡرٞ لَّكُمۡ وَأَطۡهَرُۚ فَإِن لَّمۡ تَجِدُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ١٢
ءَأَشۡفَقۡتُمۡ أَن تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيۡ نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَٰتٖۚ فَإِذۡ لَمۡ تَفۡعَلُواْ
وَتَابَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمۡ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ

وَرَسُولَهُۥۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ١٣ ۞ أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ تَوَلَّوۡاْ
قَوۡمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مَّا هُم مِّنكُمۡ وَلَا مِنۡهُمۡ وَيَحۡلِفُونَ عَلَى
ٱلۡكَذِبِ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ١٤

*بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر ۋە ئەڭ پاك ئىشتۇر①. ئەگەر (سەدىقە قىلىدىغان بىرەر نەرسە) تاپالمىساڭلار (سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر)، چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [12]. سىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن مەخپىي سۆزلىششتىن ئىلگىرى سەدىقىلەر بېرىش (بىلەن كەمبەغەل بولۇپ قېلىش)تىن قورقتۇڭلارمۇ؟ سىلەر ئۇنى قىلمىغان (يەنى بۇيرۇلغان سەدىقىنى بەرمىگەن) چاغدا، ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلدى (سەدىقە بەرمەسلىككە رۇخسەت قىلدى)②. شۇڭا، سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار③، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [13]. سەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى دوست تۇتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟④ ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) سىلەردىنمۇ ئەمەس، ئۇ قەۋمدىنمۇ (يەنى يەھۇدىيلاردىنمۇ) ئەمەس⑤، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ⑥ [14].*

① «ئەڭ ياخشى» بولۇشى شۇ ۋەجىدىنكى، سەدىقە ئارقىلىق سىلەر باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈسىلەر. «ئەڭ پاك ئىش» بولۇشى شۇ ۋەجىدىنكى، سەدىقىدىن ئىبارەت بۇ ياخشى ئەمەل ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئىنساننىڭ نەپسى پاكلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، بۇ يەردىكى بۇيرۇقنىڭ ھۆكمى پەرز ئەمەس، بەلكى قىلسا ساۋاب بولىدىغان؛ قىلمىسا، گۇناھ بولمايدىغان مۇستەھەپ دەرىجىدىكى بۇيرۇق ئىدى.

② بۇ مۇستەھەپ دەرىجىدىكى بۇيرۇق بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا مۇشەققەت ئېلىپ كېلەتتى، شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلدىن قالدۇردى.

③ يەنى ئاللاھ سىلەرگە ئېغىر كەلمىسۇن دەپ ئەپۇ قىلغان سەدىقىنىڭ

بەدىلىگە مەزكۇر پەرز ئەمەللەرگە رىئايە قىلىڭلار.

④ قۇرئان كەرىمنىڭ بايانىغا ئاساسەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋم يەھۇدىيلاردۇر. ئۇلار بىلەن دوست بولغانلار مۇناپىقلاردۇر. بۇ ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا مەدىنىدە مۇناپىقلارنىڭ تەسىرى زور ئىدى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، تېخى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلمىغان ئىدى.

⑤ يەنى بۇ مۇناپىقلار نە مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس، نە دىنىي جەھەتتە يەھۇدىيلاردىن ئەمەس. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۇچۈن ئۇلار يەھۇدىيلارنى دوست تۇتىدۇ؟ ئۇلارنى دوست قىلغان بىردىنبىر سەۋەب يەھۇدىيلار بىلەن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئورتاق دۈشمەنلىكىدۇر.

⑥ يەنى ئۇلار يالغاندىن قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا: بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمان ياكى بىزنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن مۇناسىۋىتىمىز يوق، دەيدۇ.

أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمْ عَذَابًا شَدِيدًاۖ إِنَّهُمْ سَآءَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿١٥﴾
ٱتَّخَذُوٓاْ أَيْمَٰنَهُمْ جُنَّةً فَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ فَلَهُمْ عَذَابٌ
مُّهِينٌ ﴿١٦﴾ لَّن تُغْنِيَ عَنْهُمْ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔاۚ
أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١٧﴾ يَوْمَ يَبْعَثُهُمُ ٱللَّهُ
جَمِيعًا فَيَحْلِفُونَ لَهُۥ كَمَا يَحْلِفُونَ لَكُمْ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ عَلَىٰ
شَيْءٍۚ أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلْكَٰذِبُونَ ﴿١٨﴾ ٱسْتَحْوَذَ عَلَيْهِمُ ٱلشَّيْطَٰنُ
فَأَنسَىٰهُمْ ذِكْرَ ٱللَّهِۚ

***ئاللاھ ئۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى① ، شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! [15]. ئۇلار (يالغان) قەسەملىرىنى (ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن) قالقان قىلىۋالدى② ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى③ ، ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار [16]. ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرى ۋە بالىلىرى***

**ئۇلارنى (ئاخىرەتتە بولىدىغان) ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قىلچە تۇسۇپ قالالمايدۇ، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [17]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدىغان كۈندە، ئۇلار سىلەرگە (دۇنيادا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) قەسەم ئىچكەندەك ئاللاھقىمۇ قەسەم ئىچىدۇ④، بۇ قەسەمنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ ئويلايدۇ⑤، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر [18]. شەيتان ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى⑥، ئۇلارغا ئاللاھنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇلدۇردى⑦.**

① يەنى يەھۇدىيلارنى دوست تۇتقانلىقى ۋە يالغاندىن قەسەم ئىچكەنلىكى سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى.

② ﴿أَيْمَانَ﴾ " يَمِيْنٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قەسەم مەنىسىدە. يەنى خۇددى ئىنسان قالقان بىلەن دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىنى تۇسۇپ، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغاندەك، مۇناپىقلار يالغان قەسەملىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچلىرىدىن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىدىغان قالقان قىلىۋالدى.

③ يەنى ئۇلار يالغاندىن قەسەم ئىچىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى زاھىر قىلدى، شۇ ۋەجىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كۇفرىنى يوشۇرغانلىقىنى بىلمەي قالدى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئالدىنىپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلمىدى. مۇشۇ تەرىقىدە ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسقانلىق جىنايىتىنىمۇ سادىر قىلدى.

④ يەنى ئۇلارنىڭ بەتبەختلىكى ۋە دىللىرىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ھېچنەرسە مەخپىي قالمايدىغان قىيامەت كۈنىدىمۇ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا يالغان قەسەم ئىچىشكە جۈرئەت قىلىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار دۇنيادىكى چاغدا يالغان قەسەم ئىچىپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ، ئاز-تولا پايدا ئالاتتى، شۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىمۇ يالغان قەسەملىرىنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

⑥ ﴿اِسۡتَحۡوَذَ﴾ ئۈستۈن كەلمەك، قورشاۋغا ئالماق، ئىشغال قىلماق دېگەن مەنىدە، شۇڭا غەلىبە قىلماق دەپ تەرجىمە قىلىندى، چۈنكى غەلىبە قىلماق يۇقىرىدىكى مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑦ يەنى شەيتان ئۇلارنى بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئادا قىلىشتىن غەپلەتتە قالدۇردى، چەكلەنگەن ئەمەللەرنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، قىلدۇردى ياكى خاتا چۈشەنچىگە، قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلارغا مۇپتىلا قىلىپ قويۇپ، گۇمراھلىقتا قالدۇردى.

أُوْلَـٰٓئِكَ حِزۡبُ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ أَلَآ إِنَّ حِزۡبَ ٱلشَّيۡطَٰنِ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ١٩
إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ أُوْلَـٰٓئِكَ فِي ٱلۡأَذَلِّينَ ٢٠ كَتَبَ ٱللَّهُ
لَأَغۡلِبَنَّ أَنَا۠ وَرُسُلِيٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٞ ٢١ لَّا تَجِدُ قَوۡمٗا يُؤۡمِنُونَ
بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ يُوَآدُّونَ مَنۡ حَآدَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَوۡ كَانُوٓاْ
ءَابَآءَهُمۡ أَوۡ أَبۡنَآءَهُمۡ أَوۡ إِخۡوَٰنَهُمۡ أَوۡ عَشِيرَتَهُمۡۚ

*ئەنە شۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر① [19]. شەكسىزكى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلار② ـ ئەنە شۇلار ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدا بولىدۇ③ [20]. ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىممۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دەپ يېزىۋەتكەن④. ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر⑤ [21]. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلارنى ـ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، ياكى قېرىنداشلىرى، ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ⑥ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)⑦،*

① يەنى ئەنە شۇلار ئېغىر زىيان تارتقۇچى بولىدۇ. باشقىلار ئۇلارغا نىسبەتەن زىيان تارتقۇچى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار جەننەتنىڭ بەدىلىگە

گۇمراھلىقنى سېتىۋالدى، ئاللاھ تائالاغا يالغان سۆزلىدى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يالغاندىن قەسەم ئىچتى.

② " مُحَادَّةٌ " ئېغىر دەرىجىدە قارشىلىشىش، دۈشمەنلىشىش، جېدەللىشىش مەنىسىدە بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، بىرلىشىش قىيىن بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە قارشى ئىككى قىرغاقتا تۇرۇپ قارشىلاشقاندەك. بۇ سۆز ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى توسۇپ تۇرۇش دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىشىك باقار، گۇندىپايمۇ " حَدَّادٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئىچىدىكى ئاللاھ ۋە رەسۇلى بىلەن قارشىلاشقانلار خار بولۇپ، ھالاك بولغاندەك، ئۇلارمۇ خار بولغانلار قاتارىدىن بولىدۇ، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىقتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

④ دېمەك ئۇ تەقدىردە ۋە لەۋھۇلمەھپۇزدە يېزىۋېتىلگەن نەرسە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. بۇ نۇقتا سۈرە مۇئمىن 51-، 52-ئايەتلەردىمۇ بايان قىلىندى.

⑤ بۇ قانۇنىيەتنى يازغۇچى ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە غالىب زات تۇرسا، كىممۇ ئۇنى ئۆزگەرتەلىسۇن؟ دېمەك بۇ ئۆزگەرتىلمەس تەقدىر ۋە مۇستەھكەم قانۇنىيەتتۇر.

⑥ يەنى ئىمان ئۇلارنى دوست تۇتۇشتىن چەكلەيدۇ. چۈنكى، ئىمان رىشتىسى ئاتا-ئانا، پەرزەنت، قېرىنداش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىق رىشتىسىدىن مۇھىم ۋە ئۈستۈندۇر. ساھابە كىراملار بۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسەتتى. كاپىرلارنى ھىمايە قىلىپ، ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىققانلار ئىچىدە ساھابىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بار ئىدى. ساھابىلەر دۈشمەنلەر ئىچىدىكى ئۆز ئاتىسى، ئوغلى، قېرىندىشى، تاغىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىككىلىنىپ قالمىدى. تارىخ ۋ سىيرەت كىتابلىرىدا بۇنىڭ مىساللىرى خاتىرلەنگەن. بۇ مىساللار ئىچىدىن بەدرى غازىتىدا يۈز بەرگەن مۇھىم بىر ۋەقەنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى غازىتىدا ئەسىرگە چۈشكەن كاپىرلارنى ئۆلتۈرىۋېتىش ياكى تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرىش ھەققىدە ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سالغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ كاپىر ئەسىرلەردىن ھەربىرىنى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بىر تۇغقىنىغا

تاپشۇرايلى، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرسۇن دەپ مەسلىھەت بەرگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ تەكلىپى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ئايەتكە ئۇيغۇن بولغان. (تەپسىلاتى سۈرە ئەنفال 67-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى)

⑦ بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئېنىق بايان قىلدىكى، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كامىل مۇئمىنلەر ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتمايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە دۈشمەنلەرگە قارىتا مۇھەببەت بولمايدۇ. ئىمان بىلەن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇش بىر قەلبتە جەم بولالمايدۇ. بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە سۈرىلىرىدە بايان قىلىندى. مەسىلەن: سۈرە ئال ئىمران 28-ئايەت، سۈرە تەۋبە 24-ئايەت قاتارلىقلار.

أُوْلَٰٓئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡإِيمَٰنَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٖ مِّنۡهُۖ وَيُدۡخِلُهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ رَضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُۚ أُوْلَٰٓئِكَ حِزۡبُ ٱللَّهِۚ أَلَآ إِنَّ حِزۡبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿٢٢﴾

***ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى① ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچلەندۈردى②، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ③، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى چوقۇم مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر④ [22].***

① يەنى ئاللاھ تائالا ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئىماننى پۇختا ۋە مۇكەممەل قىلدى.

② ﴿ رُوحٖ ﴾ «ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ» دېگەندىن ئاللاھنىڭ خاس نۇسرىتى ياكى مەزكۇر ياخشى ئەمەل سەۋەبىدىن ئۇلارغا بېرىلگەن ئىمان نۇرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ يەنى دەسلەپكى مۇسۇلمانلار يەنى ساھابە كىراملار ئىمان ئاساسىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن نارازى بولغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ئىككىلەنمىگەن ئىدى. شۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆز رازىلىقىنى ئاتا قىلدى، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى كۆپلەپ ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئاللاھتىن رازى بولدى. چۈنكى، بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ﴿ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدۇ﴾ دېگەن ئىززەت-ھۆرمەت، گەرچە ساھابە كىراملارغا خاس نازىل بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ شەرەپكە بىرىنچى دەرىجىدە نائىل بولغانلار ھەم ئايەتتىكى سۈپەتلەرگە تولۇق چۈشىدىغانلاردۇر. يەنە بۇ ئايەتنىڭ لۇغەتتىكى ئۇقۇمىغا ئاساسەن مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە ھەربىر مۇسۇلمان ﴿ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولدۇ﴾ دېگەن شەرەپكە لايىق بولالايدۇ. ئومۇمەن، دۇئا ئىبارىسى سۈپىتىدە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ نامىدىن كېيىن «ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن» دەپ كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك لۇغەتتىكى مەنىسىگە ئاساسەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ نامىدىن كېيىن دۇئا ئىبارىسى سۈپىتىدە «ئەلەيھىسسالام»، «ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام» دەپ كەلتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى مەزكۇر ئىبارىلەرنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىنى ئاساس قىلماستىن، ساھابە كىراملار ۋە پەيغەمبەرلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ نامىدىن كېيىن يېزىش ۋە ئېيتىشنى جايىز ئەمەس دەپ بەلگىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن «ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن» دېگەن ئىبارە پەقەت ساھابىلەر ئۈچۈن، «ئەلەيھىسسالام» دېگەن ئىبارە پەقەت پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خاس ئاتالغۇ ۋە بەلگىلىك سۆز بولۇپ قالغان. بۇ خۇددى «رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى»، «رەھىمەھۇللاھ» يەنى «ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن، ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن» دېگەن ئىبارىنىڭ ئىشلىتىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىبارىنى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ئۆلۈكلەرگە ھەم تىرىكلەرگە ئورتاق ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ بىر دۇئا ئىبارىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا تىرىكمۇ، ئۆلۈكمۇ موھتاج. بىراق، بۇ ئىبارە پەقەت ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىپ، خاسلىشىپ قالغان بولغاچقا، تىرىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ.

④ يەنى مۇئمىنلەر قوشۇنىلا مەقسەتكە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇلاردىن باشقىلار بولسا مەقسەتكە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، ھەقىقەتتە كاپىرلار قوشۇنى ئاخىرەتتە سائادەتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالىدۇ.

# سۈرە ھەشر

| (٥٩) سورة الحشر مدنية ٢٤ آية | (59) سۈرە ھەشر مەدىنىدە چۈشكەن 24 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ١
هُوَ ٱلَّذِيٓ أَخْرَجَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ مِن دِيَٰرِهِمْ
لِأَوَّلِ ٱلْحَشْرِۚ

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1]. ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان زاتتۇر①،***

★ بۇ سۈرە يەھۇدىيلارنىڭ بىر تائىپىسى بولغان بەنۇ نەزىر قەبىلىسى ھەققىدە نازىل بولغان، شۇ ۋەجىدىن ئۇ «سۈرە نەزىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 4882-ھەدىس)

① مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا بەنۇ نەزىر، بەنۇ قۇرەيزە ۋە بەنۇ قەينۇقائىدىن ئىبارەت ئۈچ يەھۇدىي قەبىلىسى ياشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزگەن

ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىزچىل تۈردە ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، دۈشمەنلىشىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار يەنە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشتا مەككىدىكى مۇشرىكلار بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈردى. ھەتتا بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنۇ نەزىر قەبىلىسىگە بارغاندا، ئۇلار يوغان بىر تاشنى ئۆگزىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ پىلانى دەل ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇ يەردىن قايتىپ كەتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە مەزكۇر كېلىشىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قەبىلىسىگە قوشۇن تارتىپ كەلدى، يەھۇدىيلار بىر قانچە كۈنگىچە قورغاننىڭ ئىچىگە بېكىنىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورغاننى قورشاپ ئالتە كۈن تۇردى. ئاخىرى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جانلىرىغا ئامانلىق بېرىپ، ئۆزلىرىنى سۈرگۈن قىلىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ «تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈن» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم سۈرگۈن قىلىنىشى بولۇپ، مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغان ئىدى. بۇ سۈرگەندە ئۇلار خەيبەرگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ يەردىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ئىككىنچى قېتىم سۈرگۈن قىلىندى، ئاندىن ئۇلار شامغا بېرىپ يەرلەشتى. (فەتھۇلقەدىر)

مَا ظَنَنتُمْ أَن يَخْرُجُوا۟ ۖ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُم مَّانِعَتُهُمْ حُصُونُهُم مِّنَ ٱللَّهِ فَأَتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِنْ حَيْثُ لَمْ يَحْتَسِبُوا۟ ۖ وَقَذَفَ فِى قُلُوبِهِمُ ٱلرُّعْبَ ۚ يُخْرِبُونَ بُيُوتَهُم بِأَيْدِيهِمْ وَأَيْدِى ٱلْمُؤْمِنِينَ فَٱعْتَبِرُوا۟ يَٰٓأُو۟لِى ٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٢﴾

***سىلەر ئۇلارنى (كۈچلۈك تۇرۇپ مۇنداق ئوڭاي ۋە خار ھالدا) چىقىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىڭلار، ئۇلار قورغانلىرىمىز بىزنى ئاللاھ (نىڭ جازاسى)دىن قوغداپ قالالايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى① ، ئۇلارغا ئاللاھ (نىڭ جازاسى) ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن***

***كەلدى② . ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى③ ، (شۇنىڭ بىلەن) ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن④ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزۇپ تاشلىدى⑤ ، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار⑥ [2].***

① چۈنكى ئۇلار ناھايىتى پۇختا قورغان ياسىۋالغان بولۇپ، ئۇلار شۇ قورغان ئىچىگە چىڭ بېكىنىۋالغان ئىدى، مۇسۇلمانلارمۇ بۇ قورغاننى ئاسانلىقچە فەتھى قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى.

② يەنى ئۇلارغا كەلگەن ئاللاھنىڭ جازاسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ ئۇلارنى قورشاۋغا ئېلىۋالغانلىقى بولۇپ، ئۇلار بۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى.

③ مۇشۇ قورقۇنچ سەۋەبىدىن ئۇلار سۈرگۈن بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى. بولمىسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي (مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى) ۋە باشقا كىشىلەر بەنۇ نەزىر قەبىلىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ: مۇسۇلمانلارغا باش ئەگمەڭلار! بىز سىلەرگە ياردەم بېرىمىز، دېگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىرى بىر ئايلىق مۇساپىدىن قورقىدىغان ھەيۋەت ۋە خۇسۇسىيەت ئاتا قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بەنۇ نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قورقۇنچ ۋە دەھشەت قاپلىۋالدى. شۇ قەدەر پۇختا قورغان ئىچىدە سەرخىل قورال-ياراقلارغا ئىگە تۇرۇپمۇ، تەسلىم بولدى. ئۇلار تەسلىم بولۇشتا مۇسۇلمانلاردىن جانلىرىغا ئامانلىق بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە مال-مۈلۈكلىرىدىن تۆگىلىرى كۆتۈرەلىگۈدەك مىقداردا ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى شەرت قىلدى. رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى، ھەتتا ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، ئىشىكلىرىنى كېشەكلىرى بىلەن قومۇرۇپ تۆگىلىرىگە ئارتىپ ئېلىپ كېتىشتى.

④ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھامان سۈرگۈن بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈر-گەندىن كېيىن، قورغاننىڭ ئىچىدە قورشاۋدا تۇرۇپ، ئۆيلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۆز قوللىرى بىلەن بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە بېرىلگەن رۇخسەتتىن پايدىلىنىپ، تۆگىلىرىگە ئارتقىلى بولىدىغان بارلىق نەرسىلىرىنى، ھەتتا ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى كېشەكلىرى

بىلەن قومۇرۇپ تۆگىلىرىگە ئارتىۋالدى.

⑤ مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قورغان سىرتىدىكى ئۆيلىرىنى بۇزۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: يەھۇدىيلارنى قورغاندىن سىرتقا چىقىرىش ئۈچۈن، قورغان سىرتىدا قالغان ئۆيلەرنى بۇزۇشقا توغرا كەلگەن ئىدى.

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ دىللىرىغا مۇسۇلمانلاردىن قورقۇشنى قانداق سالغانلىقىغا قاراڭلار، ھالبۇكى، ئۇلار قورال-ياراقلىرى تولۇق ھەم كۈچلۈك بىر قەبىلە ئىدى، لېكىن ئاللاھ تەرەپتىن بېرىلگەن مۆھلەت تۈگىگەن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاشنى قارار قىلىپ بولغان چاغدا، ئۇلارنىڭ كۈچى، قورال-ياراق، ئەسلىھەلىرى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمۇ ئۇلارغا قىلچە ياردەم قىلالمىدى.

وَلَوْلَآ أَن كَتَبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمُ ٱلْجَلَآءَ لَعَذَّبَهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَهُمْ فِى
ٱلْـَٔاخِرَةِ عَذَابُ ٱلنَّارِ ﴿٣﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ شَآقُّوا۟ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ ۖ وَمَن
يُشَآقِّ ٱللَّهَ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٤﴾ مَا قَطَعْتُم مِّن لِّينَةٍ أَوْ
تَرَكْتُمُوهَا قَآئِمَةً عَلَىٰٓ أُصُولِهَا فَبِإِذْنِ ٱللَّهِ وَلِيُخْزِىَ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٥﴾
وَمَآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ مِنْهُمْ فَمَآ أَوْجَفْتُمْ عَلَيْهِ مِنْ خَيْلٍ وَلَا
رِكَابٍ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يُسَلِّطُ رُسُلَهُۥ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ
قَدِيرٌ ﴿٦﴾

*ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا سۈرگۈنلۈكنى پۈتۈۋەتمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى بۇ دۇنيادا (ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن) ئازابلايتتى①. ئۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى بار [3]. بۇ (سۈرگۈن بىلەن ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشتى. كىمكى ئاللاھ بىلەن قارشىلاشىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ (ئۇنىڭغا بېرىدىغان) جازاسى قاتتىقتۇر [4]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرنىڭ (بەنۇ نەزىرگە تەۋە) خورما دەرەخلىرىدىن*

*قايسىبىرىنى كەسكىنىڭلار ياكى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرغىنىڭلار بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغاندۇر. (بۇنداق قىلىش) ئاللاھنىڭ ئىتائەتسىزلەرنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر② [5]. ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئۇلارنىڭ (يەنى بەنۇ نەزىرنىڭ) مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس. لېكىن، ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان كىشىلەرگە ھۆكۈمران قىلىدۇ③، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [6].*

① يەنى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى تەقدىر ئەزەلىيدە ئۇلارنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى يېزىلمىغان بولسا ئىدى، ئۇلارغا دۇنيادا قاتتىق ئازاب كەلگەن بولاتتى. مەسىلەن: ئۇلاردىن كېيىن يەنە بىر يەھۇدىي قەبىلىسى بەنۇ قۇرەيزىگە شۇنداق ئازاب كەلدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى ئەسىرگە ئېلىندى، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرى مۇسۇلمانلارغا ئولجا سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

② ﴿لِيْنَةٍ﴾ دېگەن ئەجۋە، بەرنى قاتارلىقلارغا ئوخشاش خورمىنىڭ بىر تۈرىدۇر. ياكى ئۇنىڭدىن ئادەتتىكى خورما دەرىخى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار بەنۇ نەزىر قورغىنىنى قورشاپ تۇرغان كۈنلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلارغا تەۋە خورما دەرەخلىرىنىڭ بەزىلىرىگە ئوت قويدى، بەزىلىرىنى كېسىۋەتتى، بەزىلىرىگە چېقىلمىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى ۋە شەۋكىتىنى يەرگە ئۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرى ۋە ئۆي-جايلىرىغا خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئىدى. ئاللاھ تائالامۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئاقىلانە تەدبىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى ۋە ئۇنى يەھۇدىيلارنى رەسۋا قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلدى.

③ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشكەن بەنۇ نەزىر قەبىلىسىنىڭ تۇرار جايى مەدىنىدىن ئۈچ-تۆت مىل يىراقلىقتا ئىدى، شۇڭا مۇسۇلمانلارغا ئۇزۇن سەپەر قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمىدى. يەنى مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە ئات ۋە تۆگىلەرگە مىنىپمۇ كەلمىدى، شۇ تەرىقىدە ئۇرۇش قىلىشقا نۆۋەتمۇ كەلمىدى، پەقەت سۇلھى ئارقىلىقلا بۇ جاي فەتھى قىلىندى،

يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە ئۇرۇشسىز غەلىبە ئاتا قىلدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ يەردىن غەنىيمەت ئېلىنغان مال-مۈلۈكلەر " فَىْءٌ " ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىيمەتلەر دەپ ئاتالدى، بۇنىڭ ھۆكمى ئۇرۇشۇپ ئېلىنغان غەنىيمەتلەردىن پەرقلىق بولاتتى. دۈشمەن ئۇرۇشماستىن تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ياكى سۈلھى ئارقىلىق قولغا كەلگەن مال-مۈلۈكلەر " فَىْءٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئېرىشكەن مال-مۈلۈكلەر غەنىيمەت دەپ ئاتىلىدۇ.

مَّآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡقُرَىٰ فَلِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِى
ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ كَىۡ لَا يَكُونَ دُولَةَۢ
بَيۡنَ ٱلۡأَغۡنِيَآءِ مِنكُمۡۚ وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمۡ
عَنۡهُ فَٱنتَهُواْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٧﴾ لِلۡفُقَرَآءِ
ٱلۡمُهَٰجِرِينَ ٱلَّذِينَ أُخۡرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِمۡ وَأَمۡوَٰلِهِمۡ يَبۡتَغُونَ فَضۡلٗا
مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضۡوَٰنٗا وَيَنصُرُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلصَّٰدِقُونَ ﴿٨﴾ وَٱلَّذِينَ تَبَوَّءُو ٱلدَّارَ وَٱلۡإِيمَٰنَ مِن قَبۡلِهِمۡ يُحِبُّونَ
مَنۡ هَاجَرَ إِلَيۡهِمۡ وَلَا يَجِدُونَ فِى صُدُورِهِمۡ حَاجَةٗ مِّمَّآ أُوتُواْ

*ئاللاھ پەيغەمبىرىگە (ھەرقايسى) شەھەر ئاھالىلىرىدىن ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكلەر ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ، يېتىملەرنىڭ، يوقسۇللارنىڭ ۋە يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ ھەققىدۇر. بۇ (تەقسىمات) پۇل - مالنىڭ ئاراڭلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدىلا ئايلىنىپ يۈرمەسلىكى (يوقسۇللارنىڭ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنماسلىقى) ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى (ئەمر - پەرمانلىرىنى) چىڭ تۇتۇڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر [7]. (ئۇ غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى) يۇرت - ماكانلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال - مۈلۈكىدىن ئايرىلغان،*

***ئالالھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئالالھنىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدىغان يوقسۇل مۇھاجىرلارنىڭ ھەققىدۇر. ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر① [8]. ئۇلاردىن ئىلگىرى مەدىنىدە يەرلىشىپ قالغان② ، ئىمانى كۈچلۈك بولغان (ئەنسار)لار ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن (مۇھاجىر)لارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن كۆڭۈللىرىدە راھەتسىزلىك ھېس قىلمايدۇ③ ،***

① بۇ ئايەتتە ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ھۆكمى بايان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇھاجىرلارنىڭ پەزىلىتى، سەممىيلىكى، راستچىللىقى تونۇشتۇرۇلدى. بۇ بايانلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىمانىغا شەك كەلتۈرۈش گويا قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىق بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

② بۇلاردىن مەدىنە ئەنسارلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار مۇھاجىرلار ھىجرەت قىلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى مەدىنىدە ياشايدىغانلار ئىدى، مۇھاجىرلار كېلىشتىن ئىلگىرى ئىمان ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ بولغان ئىدى. بۇنىڭ مەنىسى: ئەنسارلار مۇھاجىرلاردىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، ئەنسارلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇھاجىرلاردىن كېيىن ئىمان ئېيتقانلار ئىدى. ﴿مِنۡ قَبۡلِهِمۡ﴾ «ئۇلاردىن ئىلگىرى» دېگەندە ئۇلار ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ﴿الدَّارَ﴾ دېگەندىن دارۇلھىجرە ھىجرەت قىلىپ بارغان يۇرت يەنى مەدىنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ يەنى ئەنسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاجىرلارغا بەرگەن نەرسىلىرىگە ھەسەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلدى، دەپمۇ ئويلىمايدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشسىز قولغا كەلگەن غەنىيمەتلەرنى مۇھاجىرلارغا خاس قىلغان چاغدىمۇ، ئەنسارلار ئۇنى يامان ئالمىدى، بەلكى توغرا چۈشەندى.

وَيُؤۡثِرُونَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ وَلَوۡ كَانَ بِهِمۡ خَصَاصَةٞۚ وَمَن يُوقَ شُحَّ
نَفۡسِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ۝٩ وَٱلَّذِينَ جَآءُو مِنۢ بَعۡدِهِمۡ

يَقُولُونَ رَبَّنَا ٱغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَٰنِنَا ٱلَّذِينَ سَبَقُونَا بِٱلْإِيمَٰنِ وَلَا
تَجْعَلْ فِى قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ رَبَّنَآ إِنَّكَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١٠﴾

*ۋە ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ①، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار ـ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر② [9]. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن③، ئى رەببىمىز! شەكسىزكى، سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن» دەيدۇ [10].*

① ئەنسارلار ئۆزلىرى قاتتىق ئېھتىياجلىق تۇرۇقلۇق مۇھاجىرلارنىڭ ئېھتىياجىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۆزى ئاچ قالسا قالىدۇكى، ئەمما مۇھاجىرلارنى ئاچ قويمايدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئاچ قالدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلاردا ئۇنىڭغا بەرگىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن: «بۇ كېچە بۇ ئادەمنى مېھمان قىلىدىغان بىرەر ئادەم يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىدۇ» دېدى. ئەنسارلاردىن بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى مەن مېھمان قىلاي، دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ئايالىغا: بۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنى، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئايىمىغىن، دېدى. ئايالى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆيدە بالىلارغا بېرىدىغان يېمەكلىكتىن باشقا نەرسە يوق، دېدى. ئۇ ئادەم: بالىلارنىڭ كەچلىك تاماق يەيدىغان ۋاقتى بولغاندا ئۇلارنى ئۇخلىتىۋېتىپ، ئاندىن تاماقنى داستىخانغا ئېلىپ كەلگىن، ئاندىن مېھماننىڭ تاماقنى تارتىنماي يېيىشى ئۈچۈن چىراغنى پۈۋلىگەن بولۇپ ئۆچۈرۈۋەتكىن. بۇ كېچە بىز تاماق يېمەي ئۇخلايلى، دېدى. ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ھېلىقى ئەنسارى ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «غالىب ۋە بۈيۈك ئاللاھ ھەقىقەتەن

سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلاردىن مەمنۇن بولدى» ۋە ﴿ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4889 ـ ھەدىس) ئەنسارلارنىڭ مۇھاجىرلار مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلگەنلىكىگە يەنە بىر مىسال بار. بىر ئەنسارنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھاجىر قېرىندىشىغا بىر ئايالىنى تالاق قىلىپ، ئىددىتى توشقاندا نىكاھلاپ بېرىشنى ئېيتقان. (سەھىھۇل بۇخارى 5072 ـ ھەدىس)

② پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر بېخىللىق سەۋەبىدىن ھالاك قىلىندى. بېخىللىق ئۇلارنى قان تۆكۈشكە ۋە ھارام نەرسىلەرنى ھالال قىلىشقا ئېلىپ باردى». (سەھىھ مۇسلىم 2578 ـ ھەدىس)

③ بۇلار ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىيمەتلەردىن ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ئۈچىنچى قىسىمدىكى كىشىلەردۇر يەنى ئۇلار ساھابە كىراملاردىن كېيىن كەلگەن ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەردۇر، ئۇلارنىڭ قاتارىغا تابىئىنلار يەنى ساھابىلەرگە ئەگەشكەنلەر، تابىئىنلارغا ئەگەشكەنلەر ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان تەقۋادار مۆئمىنلەرمۇ كىرىدۇ. شەرتى شۇكى، ئۇلار ئەنسارلار ۋە مۇھاجىرلارنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىدىغانلار بولۇشى لازىم. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىماندىن شەكلىنىدىغان، ئۇلارغا تىل تەگكۈزىدىغان، ئۇلارغا قارىتا دىللىرىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ساقلايدىغانلار بۇ ئۈچىنچى قىسىمدىكىلەرنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتتىن ھۆكۈم چىقىرىپ دېدىكى، ساھابىلەرگە تىل تەگكۈزىدىغان رافىزىيلەرنىڭ ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىيمەتلەردىن نېسىۋىسى يوق. چۈنكى، رافىزىيلەر پىرقىسى ئاللاھ تائالا مەدھىيىلىگەن ساھابە كىراملارنى سۆكىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئىمام ئەبۇھاتەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئەمما، سىلەر ئۇلارغا تىل تەككۈزدۇڭلار، مەن پەيغەمبىرىڭلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بۇ ئۈممەتنىڭ

كېيىن كەلگەنلەرى ئىلگىرىكىلەرىگە تىل تەككۈزمىسىلا، يوقالمايدۇ».
(بەغەۋى رىۋايەت قىلغان)

۞ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نَافَقُوا۟ يَقُولُونَ لِإِخْوَٰنِهِمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْ
أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ لَئِنْ أُخْرِجْتُمْ لَنَخْرُجَنَّ مَعَكُمْ وَلَا نُطِيعُ فِيكُمْ
أَحَدًا أَبَدًا وَإِن قُوتِلْتُمْ لَنَنصُرَنَّكُمْ وَٱللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّهُمْ لَكَـٰذِبُونَ ﴿١١﴾
لَئِنْ أُخْرِجُوا۟ لَا يَخْرُجُونَ مَعَهُمْ وَلَئِن قُوتِلُوا۟ لَا يَنصُرُونَهُمْ وَلَئِن
نَّصَرُوهُمْ لَيُوَلُّنَّ ٱلْأَدْبَـٰرَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ ﴿١٢﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلارنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىر دوستلىرىغا: «ئەگەر سىلەر (يۇرتۇڭلاردىن) چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، سىلەرگە قارشى ھېچبىر ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز. ئەگەر سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، بىز چوقۇم سىلەرگە ياردەم قىلىمىز» دېيىشكەنلىكىگە قارىمىدىڭمۇ؟① ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر② [11]. ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن (يۇرتىدىن) ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇلارغا راست ئۇرۇش ئېچىلسا، مۇناپىقلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ③، ئەگەر ياردەم بەرگەن تەقدىردىمۇ④ ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ⑤، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا (ھېچ) ياردەم بېرىلمەيدۇ⑥ [12].***

① يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، مۇناپىقلار بەنۇ نەزىر قەبىلىسىگە مۇشۇنداق مەلۇمات يوللىغان ئىدى.

② ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى، بەنۇ نەزىر قەبىلىسى سۈرگۈن قىلىندى، ئەمما بۇ مۇناپىقلار ئۇلارغا نە ياردەمگە كەلمىدى، نە ئۇلارنى ھىمايە قىلمىدى، ئۇلار بىلەن بىرگە مەدىنىنى تاشلاپ چىقىپمۇ كەتمىدى.

③ بۇ يەردە ئۇ مۇناپىقلارنىڭ يالغان ۋەدىلىرى تېخىمۇ تەپسىلىي

پاش قىلىنىۋاتىدۇ، ئەمىلىيەتتە شۇنداق بولدى، بەنۇ نەزىر قەبىلىسى سۈرگۈن قىلىندى، بەنۇ قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى، لېكىن مۇناپىقلار ھېچكىمگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلمىدى.

④ بۇ يەردىكى ﴿ئەگەر ياردەم بەرگەن تەقدىردىمۇ﴾ دېگەن ئىبارە پەرەز تەرىقىسىدە كەلگەن، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ياردەم بەرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق دېگەن تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ياردەم بەرسۇن؟ بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسى: «ئەگەر ئۇلار يەھۇدىيلارغا ياردەم بەرمەكچى بولسا» دېگەن بولىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلماستىن، مەغلۇپ بولۇپ قاچىدۇ.

⑥ بۇ يەردىكى ياردەم بېرىلمەيدىغانلاردىن يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك يەھۇدىيلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەم بەرمەكچى بولغان مۇناپىقلار يۈز ئۆرۈپ قاچقان تۇرسا، قانداقمۇ غەلىبە قىلالىسۇن؟ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ياردەم بېرىلمەيدىغانلاردىن مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى خار ۋە رەسۋا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئۇلارغا پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ.

لَأَنتُمْ أَشَدُّ رَهْبَةً فِي صُدُورِهِم مِّنَ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ ﴿١٣﴾ لَا يُقَٰتِلُونَكُمْ جَمِيعًا إِلَّا فِي قُرًى مُّحَصَّنَةٍ أَوْ مِن وَرَآءِ جُدُرٍۭۚ بَأْسُهُم بَيْنَهُمْ شَدِيدٌۚ تَحْسَبُهُمْ جَمِيعًا وَقُلُوبُهُمْ شَتَّىٰۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَعْقِلُونَ ﴿١٤﴾ كَمَثَلِ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ قَرِيبًاۖ ذَاقُوا۟ وَبَالَ أَمْرِهِمْ

*شەكسىزكى، (ئى مۇئمىنلەر!) ئۇلارنىڭ دىللىرىغا① ئاللاھتىن بەكرەك سىلەردىن قورقۇش سىڭىپ كەتكەن (يەنى ئۇلار سىلەردىن ئاللاھتىن قورققاندىنمۇ بەكرەك قورقىدۇ). بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر② [13].*

***ئۇلار پەقەت مۇستەھكەم قورغان ئىچىدە ياكى تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ③ . ئۇلارنىڭ ئۇرۇشى ئۆز ئىچىدىكى ئۇرۇشلىرى قاتتىقتۇر④ ، سەن ئۇلارنى ئۆم دەپ ئويلاپ قالىسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر⑤، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ھەقنى چۈشەنمەيدىغان) ئەقىلسىز قەۋمدۇر⑥ [14]. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆزىدىن ئىلگىرى يېقىندىلا ئۆتكەن ۋە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى (بەدرى ئۇرۇشىدا) تېتىغان (مەككىلىك مۇشرىك)لارغا ئوخشايدۇ⑦ ،***

① سىلەر يەھۇدىيلارنىڭ ياكى مۇناپىقلارنىڭ ياكى ھەممىنىڭ دىللىرىدا ناھايىتى سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىكسىلەر.

② يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى بۇ قورقۇنچ ئۇلارنىڭ چۈشەنمەيدىغان قەۋم بولغانلىقىدىن پەيدا بولغان، ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان قەۋم بولغان بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلارغا يۈزلىنىۋاتقان غەلبە ۋە نۇسرەتنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن بولاتتى. شۇڭا، ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىن قورقۇشى لازىم ئىدى.

③ يەنى بۇ مۇناپىقلار ۋە يەھۇدىيلار بىرلىشىپمۇ ئوچۇق مەيداندا سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەمما، قورغانلار ياكى تاملار ئارقىسىغا بۆكۈپ تۇرۇپ، سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ناھايىتى قورقۇنچاق ۋە توخۇ يۈرەك قەۋمدۇر. ئۇلار سىلەرنىڭ سۈر-ھەيۋەڭلاردىن قورقۇپ، تىترەپلا تۇرىدۇ.

④ يەنى ئۇلار ئۆزئارا قاتتىق ئىختىلاپ ئىچىدە بولۇپ، بىر-بىرىگە قارشىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئۆزئارا جېدەللىشىپ ۋە زىددىيەتلىشىپلا تۇرىدۇ.

⑤ بۇ مۇناپىقلارنىڭ دىللىرى ئۆزئارا بىر ئەمەس، ياكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ياكى مۇشرىكلار بىلەن ئەھلى كىتابنىڭ دىللىرى بىر ئەمەس. دېمەك، ئۇلار ھەققە قارشى تۇرۇشتا بىردەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ئەمەس، ئۇلار ئۆزئارا ئىناق ئەمەس، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر-بىرىگە قارشى دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتكە تولغان.

⑥ يەنى ئۇلارنىڭ بۇ چېچىلاڭغۇ ۋە تارقاقلىقى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىندۇر. ئەگەر ئۇلاردا بىر نەرسىنى چۈشىنەلىگۈدەك ئەقىل بولسا ئىدى، ھەقنى تونۇغان ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغان بولاتتى.

⑦ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇلاردىن بىر قىسىم مەككە مۇشرىكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار بەنۇ نەزىر غازىتىدىن بىر ئاز ئىلگىرى يۈز بەرگەن بەدرى غازىتىدا ئىبرەتلىك مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغان ئىدى. يەنى بۇلارمۇ تېخى يېقىندا مەغلۇبىيەت ۋە خارلىققا دۇچار بولغان مۇشرىكلارغا ئوخشايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇلاردىن باشقا بىر يەھۇدىي قەبىلىسى بەنۇقەينۇقا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان، بۇ قەبىلە بەنۇ نەزىردىن ئىلگىرى سۈرگۈن قىلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇلار زامان ۋە ماكان جەھەتتە ئۇلارغا يېقىن ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ⑮ كَمَثَلِ ٱلشَّيۡطَٰنِ إِذۡ قَالَ لِلۡإِنسَٰنِ ٱكۡفُرۡ
فَلَمَّا كَفَرَ قَالَ إِنِّي بَرِيٓءٞ مِّنكَ إِنِّيٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ⑯
فَكَانَ عَٰقِبَتَهُمَآ أَنَّهُمَا فِي ٱلنَّارِ خَٰلِدَيۡنِ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُاْ
ٱلظَّٰلِمِينَ ⑰ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلۡتَنظُرۡ نَفۡسٞ مَّا
قَدَّمَتۡ لِغَدٖۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ⑱

***ئۇلار (ئاخىرەتتە ئىنتايىن) قاتتىق ئازاب بار① [15]. (مۇناپىقلارنىڭ يەھۇدىيلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشتىكى بۇ مىسالى) ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دەپ (ئازدۇرۇپ)، ئۇ كاپىر بولغان چاغدا: «مەن سەندىن ئادا - جۇدامەن②، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن» دېگەن شەيتاننىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ③ [16]. ئۇ ئىككىسىنىڭ (يەنى شەيتان بىلەن ئىنساننىڭ) ئاقىۋىتى بىرلىكتە مەڭگۈلۈك دوزاختا كىرىش بولىدى، ئەنە شۇ زالىملارنىڭ جازاسىدۇر④ [17]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار⑤، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن⑥، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلۋاتقان ئىشلاردىن***

***تولۇق خەۋەرداردۇر⑦ [18].***

① يەنى ئۇلار تېتىغان ئازاب ئۇلارغا دۇنيادا بېرىلگەن جازادۇر، ئاخىرەتتىكى جازا ئايرىم بولۇپ، تېخىمۇ قاتتىقتۇر.

② بۇ يەردە يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر مىسالى بايان قىلىندى. مۇناپىقلار يەھۇدىيلارنى خۇددى شەيتانغا ئوخشاش ئالداپ، ھېچ ياردەمسىز تاشلاپ قويدى. شەيتانمۇ ئاۋۋال ئىنسانغا كۇفرىنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ، ئىنسان ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ كاپىر بولۇپ بولغاندا، شەيتان ئۇنىڭدىن ئادا-جۇدا بولغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

③ شەيتان ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىدە راستچىل ئەمەس. ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەتلا ئىنساننى ئازدۇرۇپ مۇپتىلا قىلغان كۇفرىدىن ئادا-جۇدا بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتىن ئىبارەت.

④ يەنى دوزاختا مەڭگۈ قېلىش ئۇلارنىڭ جازاسىدۇر.

⑤ بۇ يەردە مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىنىپ، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىنىۋاتىدۇ. «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ نېمىنى بۇيرۇغان بولسا، شۇنى ئىجرا قىلىڭلار، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا، شۇنىڭدىن يېنىڭلار. بۇ ئايەتتە «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن بۇيرۇق تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئىككى قېتىم تەكرارلاندى. چۈنكى، ئاللاھتىن قورقۇش (تەقۋادارلىق) ئىنساننى ياخشى ئەمەل قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، يامان ئىشتىن ساقلىنىشقا تەرغىب قىلىدۇ.

⑥ بۇ يەردە قىيامەت كۈنىنىڭ «ئەتە» دەپ ئىپادىلەنگەنلىكى ئۇنىڭ كېلىشى يىراق ئەمەس، بەلكى يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ھەربىر كىشىگە قىلغان ئەمىلىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ، ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا مۇكاپات، يامان ئەمەل قىلغانلارغا جازا بېرىدۇ.

وَلَا تَكُونُوا۟ كَٱلَّذِينَ نَسُوا۟ ٱللَّهَ فَأَنسَىٰهُمْ أَنفُسَهُمْ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ
ٱلْفَـٰسِقُونَ ﴿١٩﴾ لَا يَسْتَوِىٓ أَصْحَـٰبُ ٱلنَّارِ وَأَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۚ أَصْحَـٰبُ

ٱلْجَنَّةِ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿٢٠﴾ لَوْ أَنزَلْنَا هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ عَلَىٰ جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُۥ
خَٰشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ ٱللَّهِ ۚ

*سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز نەپسلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك① بولماڭلار، ئەنە شۇلار (ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى) پاسىقلاردۇر [19]. دوزاخ ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلى باراۋەر بولمايدۇ②، جەننەت ئەھلى بولسا (مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ) مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر③ [20]. ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلغان بولساق④، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ⑤،*

① يەنى ئاللاھ ئۇلارنى جازالاش يۈزىسىدىن ئۆزىگە پايدىسى بولىدىغان ۋە قىيامەتتىكى ئازابتىن ئۆزىنى ساقلايدىغان ئەمەللەرنى قىلىشتىن غاپىل قىلىپ قويغان كىشىلەردەك بولماڭلار. چۈنكى، ئىنسان ئاللاھنى ئۇنتۇش بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە بېرىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەقلى ئۇنى توغرا يېتەكلىمەيدۇ، كۆزى ئۇنىڭغا ھەق يولنى كۆرسەتمەيدۇ، قۇلىقىمۇ ھەقنى ئاڭلاشتىن گاس بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭدىن شۇنداق قىلمىشلار سادىر بولىدۇكى، ئۇ قىلمىشلار تۈپەيلى ئۇ ئۆزى يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ.

② بۇ يەردىكى ئىككى پىرقىنىڭ بىرى ئاللاھنى ئۇنتۇغانلار يەنە ئۆز نەپسلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇغان ۋە شەكسىز كېلىدىغان بىر كۈنى قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە دۇنيادا ئېسىل تائاملار بىلەن باققان جىسىملىرىنىڭ دوزاخقا ئوتۇن بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقارغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى يەنە بىر پىرقە ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ ھايات كەچۈرگەنلەردۇر. شەكسىز كېلىدىغان بىر كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا ئەڭ گۈزەل نېمەت ۋە مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ جەننىتىگە كىرگۈزىدۇ. جەننەتتە ئۇلار ئېسىل نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىپ، راھەت-پاراغەتتە ياشايدۇ. دېمەك بۇ ئىككى پىرقە يەنى جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى باراۋەر بولمايدۇ. بىر پىرقە ئۆز ئىستىقبالىنىڭ

پـارلاق بولۇشى ئۈچـۈن ئـزچـل تەييارلــق قـلغـان؛ يەنـە بــر پـرقـە كەلگۈسـدە ئاقـۋەتـنـىڭ قانـداق بولـدىغانلـقى بـلـەن كارى بولماسـتـن غەپلەتتـە ياشـغان، شـۇ ۋەجـدـن تەييارلـقمـۇ قـلمـاي، گۇناھقا پاتقـان. بۇلار قانداقمۇ باراۋەر بولسۇن؟

③ دۇنـيـادا ئـمـتـھـان ئۈچـۈن تەييارلــق قـلغـانــلار مۇرادـغـا يـېتـدۇ، تەييارلــق قـلمـغانــلار مۇرادـغـا يـېتەلمەيـدۇ. شـۇنـڭدەك تەقـۋادار مۇئمنلـەر جەننەتكـە كـرـش بـلـەن مۇرادـغـا يـېتـدۇ، چۈنكـى ئـۇلار دۇنـيـادا ياخشـى ئەمـەل قـلـپ، تەييارلـق بـلـەن ياشـغانلار، دۇنيانـى دارۇلئەمـەل، دارۇلئـمتـھـان دەپ بـلگەنلـەردۇر. مانـا بـۇ ھەقـقـەتـنـى چۈشـەنگەنلەر كەلگۈسـى غايـسـى ئۈچـۈن تـرـشـدۇ، ئاخـرى مۇرادـغـا يـېتـدۇ. ئەمـا، دۇنيانـڭ ھەقـقـتـنـى چۈشـەنمگەن، غايـسـى ۋە ئـسـتـقبالـدـن غەپلەتتـە قالغـان، گۇناھ-مەئسـيەتلەرگە پاتقانـلار چوقـۇم زيـان تارتـدۇ، مۇرادـغـا يـېتەلمەيـدۇ. ئـى ئالـلاھ، بـزنـى مەقسـەتكە ئـېرـشكۈچـلەردـن قـلغـن. ئامـن.

④ يەنـى ئـنسـانغا بەرگـەن ئەقـل-ئـدراك ئـقتـدارـنـى تاغـقا بـېرـپ، ئۇنـڭغا قۇرئاننى نازـل قـلغـان بولساق.

⑤ يەنـى گەرچـە تـاغ شـۇنداق قاتتـق، ئـېگـز ۋە چـوڭ بولسـمۇ، بـز قۇرئـان كەرـمـدە كەلتۈرگـەن بالاغـەت، پاسـاھەت، مۆجـزە، دەلـل-ئـسـپات ۋە ۋەز-نەسـھەتنى ئاڭلـسـا، ئاللاھتـن قورققانلـقتـن، پارە-پـارە بولـۇپ كەتكـەن بولاتتـى. بـۇ يـەردە ئـنسـانلارغا چۈشـەندۈرۈلـۋاتـدۇ ۋە ئاگاھلانـدۇرۇش بـېرـلـۋاتـدۇ، ئـى ئـنسـانلار! سـلـەرگە چۈشـۈنـدـغان قابـلـيـەت ۋە ئەقلـي ئـقـتـدار بـېرـلـدى. ئەگـەر قۇرئاننـى ئـاڭلاپ، ئۇنـڭدـن دـلـڭلار تەسرلەنمـسـە، سـلـەرنـڭ ئاقـۋەتـڭلار ياخشـى بولمايدۇ.

وَتِلْكَ ٱلْأَمْثَٰلُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١﴾ هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِى
لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَٰلِمُ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ۖ هُوَ ٱلرَّحْمَٰنُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٢٢﴾ هُوَ
ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْمَلِكُ ٱلْقُدُّوسُ ٱلسَّلَٰمُ ٱلْمُؤْمِنُ ٱلْمُهَيْمِنُ
ٱلْعَزِيزُ ٱلْجَبَّارُ ٱلْمُتَكَبِّرُ ۚ سُبْحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٢٣﴾ هُوَ ٱللَّهُ

ٱلۡخَٰلِقُ ٱلۡبَارِئُ ٱلۡمُصَوِّرُۖ لَهُ ٱلۡأَسۡمَآءُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ يُسَبِّحُ لَهُۥ مَا فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٢٤

*بىز بۇ مىساللارنى ئىنسانلارغا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) تەپەككۇر قىلسۇن دەپ بايان قىلىۋاتىمىز① [21]. ئۇ (شۇنداق) ئاللاھتۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى②، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر) [22]. ئۇ (شۇنداق) ئاللاھتۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ پادىشاھىدۇر)، (ھەممە نۇقساندىن) پاكتۇر، (مۆئمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن ئەمىن قىلىپ) خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر، (ھەممىنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر. ئاللاھ (مۇشرىكلار) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن پاكتۇر [23]. ئۇ (ھەممىنى) ياراتقۇچى، يوقتىن پەيدا قىلغۇچى③، (ھەممە نەرسىگە) شەكىل بەرگۈچى ئاللاھتۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملار ئۇنىڭدۇر④، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ⑤، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر⑥ [24].*

① يەنى ئىنسانلار قۇرئاندىن ۋەز-نەسىھەت ھاسىل قىلسۇن، ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئاڭلاپ، گۇناھلاردىن ساقلانسۇن دەپ شۇنداق مىساللارنى بايان قىلىۋاتىمىز. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتتىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان، يەنى بىز ساڭا شۇ قەدەر ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك قۇرئاننى نازىل قىلدۇقكى، ئەگەر بىز ئۇنى بىر تاغقا نازىل قىلغان بولساق، ئۇ تاغ پارە-پارە بولۇپ كەتكەن بولاتتى، لېكىن بىز ساڭا ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن تاغلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان نەرسىگە بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدۇق. (فەتھۇلقەدىر) ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بايان قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن مەقسەت ئاللاھنىڭ

بىرلىك-بارلىقنى ئىسپاتلاش ۋە شېرىكنى رەت قىلىشتۇر.

② بۇ يەردىكى «يوشۇرۇن» مەخلۇقاتلارغا نىسبەتەن يوشۇرۇن نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بولمىسا، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھېچنەرسە يوشۇرۇن ئەمەس. دېمەك، ئاللاھ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ، مەيلى ئۇ نەرسە بىزگە كۆرۈنىدىغان بولسۇن ياكى كۆرۈنمەيدىغان بولسۇن، ھەتتا قاراڭغۇدا كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەرنىمۇ بىلىدۇ.

③ ﴿الْخَالِقُ﴾نىڭ مەنىسى، ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى بويىچە تەقدىر قىلغۇچى، ﴿الْبَارِئُ﴾نىڭ مەنىسى، ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنى يوقتىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى، شەيئىلەرنىڭ سۈرەت ۋە كەيپىياتلىرىنى ئۆزى خالىغاندەك پەيدا قىلغۇچى، ياراتقۇچى، دېمەكتۇر.

④ ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ تەپسىرى سۈرە ئەئرافتا بايان قىلىندى.

⑤ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۆزىگە خاس تىل بىلەن ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.

⑥ ئاللاھ ھەر قانداق ئىشتا ھۆكۈم چىقارسا، ئۇ ئىش ھېكمەتتىن خالىي بولمايدۇ.

# سۈرە مۇمتەھىنە

| (60) سۈرە مۇمتەھىنە مەدىنىدە چۈشكەن 13 ئايەت | (60) سورة الممتحنة مدنية 13 آية |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمۡ أَوۡلِيَآءَ تُلۡقُونَ إِلَيۡهِم بِٱلۡمَوَدَّةِ وَقَدۡ كَفَرُواْ بِمَا جَآءَكُم مِّنَ ٱلۡحَقِّ يُخۡرِجُونَ ٱلرَّسُولَ وَإِيَّاكُمۡ أَن تُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ رَبِّكُمۡ إِن كُنتُمۡ خَرَجۡتُمۡ جِهَٰدٗا فِي سَبِيلِي وَٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِيۚ تُسِرُّونَ إِلَيۡهِم بِٱلۡمَوَدَّةِ وَقَدۡ كَفَرُواْ بِمَا جَآءَكُم مِّنَ ٱلۡحَقِّ يُخۡرِجُونَ ٱلرَّسُولَ وَإِيَّاكُمۡ أَن تُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ رَبِّكُمۡ

ئى ئىمان ئېيتقانلار! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتماڭلار① ، سىلەر ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزۈۋاتىسىلەر② . ۋەھالەنكى، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، سىلەر رەببىڭلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن، ئۇلار پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى③ ،

① مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇدەيبىيەدە تۈزگەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلدى. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مەخپىي شەكىلدە ئۇرۇشقا تەييارلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. مۇھاجىرلار ئىچىدىن ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرى غازىتىغا قاتناشقان بىر ساھابە بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرەيشلەر بىلەن ھېچقانداق تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە بالىلىرى مەككىدە قالغان ئىدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى مەككە ئەھلىگە خەۋەر قىلىپ قويسام، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار مېنىڭ بالا-چاقىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويىدۇ، دەپ ئويلىدى، ئۇ بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنى بىر ئايال ئارقىلىق مەككىگە يولغا سالدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنى پەيغەمبىرىگە ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ ئىزىدىن قوغلاشقا ئەلى، زۇبەير ۋە مىقداد (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار)نى چاقىرىپ ئۇلارغا: «سىلەر يولغا چىقىڭلار. خاخ بېغىغا يېتىپ بارغىنىڭلاردا مەككىگە كېتىۋاتقان بىر ئايالنى ئۇچرىتىسىلەر. ئۇنىڭدا بىر پارچە خەت بار، ئۇ خەتنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋېلىڭلار» دېدى. ئۇلار قوغلاپ بېرىپ، ئۇ ئايالدىن خەتنى ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئايال خەتنى چېچىنىڭ تۇگۈنچىسىگە يوشۇرىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ھاتەب! بۇ نېمە ئىش؟» دېدى. ھاتەب: مەن بۇ ئىشنى دىنىدىن يېنىۋېلىش ۋە كۇفرىغا قايتىش يۈزىسىدىن قىلمىدىم، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، باشقا مۇھاجىرلارنىڭ مەككىدە قالغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بار، ئۇلار بۇ مۇھاجىرلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ. مېنىڭ مەككىدە ھېچ تۇغقىنىم يوق، مەن بۇ ئىشنى قۇرەيشلەرگە خەۋەر قىلىپ قويسام، ئۇلار مېنىڭ بالا-چاقىلىرىمغا ئىگە بولۇپ قويار دەپ ئويلاپ، شۇ خەتنى يازدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھاتەب ھەقىقەتەن سىلەرگە راست سۆزلىدى» دېدى. راست سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا باشقا گەپ قىلمىدى. كەلگۈسىدە ھەر قانداق بىر مۇئمىن ھېچقانداق بىر كاپىر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتماسلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا تەنبىھ سۈپىتىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. (سەھىھۇل بۇخارى **4890**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **2494**-ھەدىس)

② يەنى سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتماقچىمۇ؟

③ ئۇلار سىلەرگە ۋە ھەق دىنغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتسا، ئۇلارغا دوستلۇق ۋە خەيرخاھلىق ئىزھار قىلىش توغرىمۇ؟

إِن كُنتُمۡ خَرَجۡتُمۡ جِهَٰدٗا فِي سَبِيلِي وَٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِيۚ تُسِرُّونَ إِلَيۡهِم
بِٱلۡمَوَدَّةِ وَأَنَا۠ أَعۡلَمُ بِمَآ أَخۡفَيۡتُمۡ وَمَآ أَعۡلَنتُمۡۚ وَمَن يَفۡعَلۡهُ مِنكُمۡ
فَقَدۡ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ١ إِن يَثۡقَفُوكُمۡ يَكُونُواْ لَكُمۡ أَعۡدَآءٗ
وَيَبۡسُطُوٓاْ إِلَيۡكُمۡ أَيۡدِيَهُمۡ وَأَلۡسِنَتَهُم بِٱلسُّوٓءِ وَوَدُّواْ لَوۡ
تَكۡفُرُونَ ٢ لَن تَنفَعَكُمۡ أَرۡحَامُكُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُكُمۡۚ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ
يَفۡصِلُ بَيۡنَكُمۡۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ٣

*ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار)①، (شۇنداق تۇرسىمۇ يەنىلا) سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزۈۋاتىسىلەر. ھالبۇكى، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان ئىشلىرىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ② [1]. ئەگەر ئۇلار سىلەرنى يەڭسە، سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرگە قوللىرىنى ۋە تىللىرىنى يامانلىق بىلەن ئۇزىتىدۇ (يەنى سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سىلەرنى تىللايدۇ)، سىلەرنىڭ كاپىر بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ③ [2]. قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ④، ئاللاھ ئاراڭلارنى ئايرىۋېتىدۇ⑤ (يەنى سىلەر جەننەتتە بولساڭلار، كاپىرلارنى دوست تۇتقان تۇغقانلىرىڭلار دوزاختا بولىدۇ)، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [3].*

① بۇ تىرناق ئىچىدىكى ئىبارە يۇقىرىدىكى شەرتنىڭ جاۋابى بولۇپ، ئايەتتە كەلتۈرۈلمىگەن.

② يەنى مېنىڭ ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇلارغا مەخپىي مەلۇمات يوللاش ئوچۇق گۇمراھلىق ۋە ھېچبىر مۇسۇلمانغا ياراشمايدىغان قىلمىشتۇر.

③ يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا سىلەرگە قارشى شۇ قەدەر قاتتىق دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك تۇرسا، سىلەر يەنە ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزەمسىلەر؟

④ سىلەرنىڭ كاپىرلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلارغا سەۋەب بولغان باللار قىيامەتتە سىلەرگە ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدىغان تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى دەپ كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ، ئاللاھنى نارازى قىلىسىلەر؟ قىيامەتتە سىلەرگە ئەسقاتىدىغىنى ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا بويسۇنۇشتۇر. شۇڭا، سىلەر ئىتائەت ۋە بويسۇنۇشتا چىڭ تۇرۇڭلار.

⑤ يەنى ئىتائەت قىلغانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئىتائەت قىلمىغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭ يەنە بىر مەنىسى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دېگەن بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر «ئاللاھ ئاراڭلارنى ئايرىۋېتىدۇ» دېگەن ئىبارىنى «ئۇلار بىر-بىرىدىن قاچىدۇ» دەپ تەپسىر قىلىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە باللىرىدىن قاچىدۇ﴾. (سۈرە ئەبەسە 34-ئايەت) يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن قېرىنداش قېرىنداشتىن قاچىدۇ.

قَدۡ كَانَتۡ لَكُمۡ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ فِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ إِذۡ قَالُواْ
لِقَوۡمِهِمۡ إِنَّا بُرَءَٰٓؤُاْ مِنكُمۡ وَمِمَّا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ كَفَرۡنَا
بِكُمۡ وَبَدَا بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكُمُ ٱلۡعَدَٰوَةُ وَٱلۡبَغۡضَآءُ أَبَدًا حَتَّىٰ تُؤۡمِنُواْ
بِٱللَّهِ وَحۡدَهُۥٓ إِلَّا قَوۡلَ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسۡتَغۡفِرَنَّ لَكَ وَمَآ أَمۡلِكُ
لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۖ رَّبَّنَا عَلَيۡكَ تَوَكَّلۡنَا وَإِلَيۡكَ أَنَبۡنَا وَإِلَيۡكَ
ٱلۡمَصِيرُ ٤

***ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن گۈزەل ئۈلگە بار①. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن يىراقمىز (ئادا - جۇدامىز)②، بىز سىلەرنى (ۋە چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنى) ئىنكار قىلدۇق. تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالىدۇ» دېگەن ئىدى③. لېكىن، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھتىن كېلىدىغان (ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايمەن» دېگەن سۆزى ئۈلگە قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ④. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار مۇنداق دۇئا قىلدى) «ئى رەببىمىز! ساڭىلا تەۋەككۇل قىلدۇق⑤، سەن تەرەپكىلا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر [4].***

① بۇ يەردە كاپىرلار بىلەن دوست بولماسلىق مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلىش ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولى ۋە مەيدانى مىسال ۋە ئۈلگە سۈپىتىدە بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ﴿أُسۡوَةٌ﴾ ئەگىشىشكە تېگىشلىك نەمۇنە ۋە ئۈلگە دېمەكتۇر.

② يەنى سىلەرنىڭ مۇشرىك بولغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەيرىيگە چوقۇنغۇچىلار بىلەن قانداق ئالاقىسى بولسۇن؟

③ يەنى سىلەر كۇفرىنى، شېرىكنى تاشلاپ، ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلمىغۇچە ئارىمىزدىكى ئادا-جۇدالىق داۋاملىشىدۇ. سىلەر ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغاندىلا، ئاندىن ئارىمىزدىكى ئاداۋەت دوستلۇققا، ئۆچمەنلىك مېھىر-شەپقەتكە ئايلىنىدۇ.

④ بۇ جۈملە مۇستەسنا شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، مەنىسى: «ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان سۆزىدىن باشقا ھەممە سۆزلىرىدە سىلەر ئۈچۈن گۈزەل ئۈلگە بار» دېگەن بولىدۇ، چۈنكى گەپ-سۆزلەرمۇ ئۈلگە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. دېمەك ئۇنىڭ

مەنىسى: «ئىبراھىمنىڭ بارلىق سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىنى ئۈلگە قىلىشقا بولىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان سۆزىنى ئۈلگە قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن هاياتى ئەگىشىشكە تېگىشلىك بىر نەمۇنە ۋە ئۈلگىدۇر. ئەمما، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقىنى ئۈلگە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئاتىسىنىڭ ئاللاھقا دۈشمەن ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمىگەن ئىدى. ئۇ پەقەت ئاتىسىغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا مەغپىرەت تەلەپ قىلغان ئىدى. ئاتىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىدىنمۇ ئادا-جۇدا بولغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. بۇ نۇقتا سۈرە تەۋبە 114-ئايەتتە بايان قىلىندى. (شۇ ۋەجىدىن سۈرە تەۋبە سۈرە بارائەت (ئادا-جۇدا بولۇش) دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

⑤ تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە زاھىري سەۋەب-ئامىللار ۋە توغرا ۋاستىلەرنى ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش دېمەكتۇر. زاھىري سەۋەب-ۋاستىلەرنى ھازىرلىماي تۇرۇپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، دېيىش تەۋەككۇل قىلغانلىق بولمايدۇ. بۇ تەۋەككۇلنىڭ مەنىسىگە زىت كېلىدۇ. بىز ئۇنداق تەۋەككۇلدىن چەكلەنگەنمىز. تەۋەككۇل توغرۇلۇق بىر ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا مۇنداق بىر ۋەقە تىلغا ئېلىنغان: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تۆگىسىنى باغلىمايلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن تۆگىسىنى نېمە ئۈچۈن باغلىماي كىرگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ: تۆگەمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم (ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم)، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ تەۋەككۇل قىلغانلىق ئەمەس، «ئاۋۋال تۆگەڭنى باغلىغىن، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن» دېگەن. (سۇنەنى تىرمىزى 2517-ھەدىس، سەھىھ جامى سەغىر 1068-ھەدىس) " إِنَابَةُ "نىڭ مەنىسى: ئاللاھ تەرەپكە قايتىش دېمەكتۇر.

رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا فِتۡنَةٗ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ وَٱغۡفِرۡ لَنَا رَبَّنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ

ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٥﴾ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِيهِمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ
يَرْجُوا۟ ٱللَّهَ وَٱلْيَوْمَ ٱلْـَٔاخِرَ ۚ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْغَنِىُّ
ٱلْحَمِيدُ ﴿٦﴾ ۞ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَجْعَلَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ ٱلَّذِينَ عَادَيْتُم
مِّنْهُم مَّوَدَّةً ۚ وَٱللَّهُ قَدِيرٌ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٧﴾

***ئى رەببىمىز! كاپىر بولغانلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن (ئۇلار بىزگە ھۆكۈمران بولۇپ، بىزنى كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن)①، ئى رەببىمىز! بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، شەكسىزكى، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» [5]. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئۇلاردا② سىلەر ئۈچۈن، ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن③، ھەقىقەتەن گۈزەل ئۈلگە بار. كىمكى (ئاللاھنىڭ شۇ ئەمرىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن④، (بىلسۇنكى) ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنداقلاردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر [6]. بەلكىم ئاللاھ سىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سىلەر دۈشمەنلەشكەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىشى مۇمكىن⑤، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [7].***

① يەنى كاپىر بولغانلارنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن، ئۇلارنى غالىب ئورۇندا قىلمىغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: بىز ھەقنىڭ ئۈستىدە ئىكەنمىز دەپ ئويلاپ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلمىسۇن، بىزنى قىينىمىسۇن. يەنە بىر مەنىسى، بىزنى كاپىر بولغانلارنىڭ قىينىشى بىلەن سىنىمىغىن. بۇ ئايەتنى مۇجاھىد قاتارلىق مۇپەسسىرلەر مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: كاپىرلارنىڭ: «ئەگەر مۇسۇلمانلار ھەق ئۈستىدە بولسا ئىدى، ئۇلارغا بۇ خارلىق يەتمىگەن بولاتتى» دېمەسلىكى ئۈچۈن، بىزنى كاپىر بولغانلارنىڭ قوللىرى بىلەن ۋە سېنىڭ دەرگاھىڭدىكى پەرىشتىلەرنىڭ قوللىرى بىلەن جازالىمىغىن.

② يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدا ۋە ئۇنىڭ مۇئمىن ھەمراھلىرىدا

سىلەر ئۇچۇن ئەڭ گۈزەل ئۈلگە ۋە نەمۇنە بار. بۇ مەزمۇن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئوخشاش مەزمۇننى تەكىتلەش يۈزىسىدىن تەكرار كەلگەن.

③ چۈنكى ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھتىن ۋە ئاخىرەت ئازابىدىن قورققىدۇ. ئەنە شۇلار ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئالىدۇ، نەسىھەت ھاسىل قىلىدۇ.

④ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغۇچىلار دىگەن ئەمرىدىن ۋە ئۇ ئۈلگىگە ئەگىشىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن.

⑤ يەنى بەلكىم ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىپ، سىلەرگە قېرىنداش ۋە دوست قىلىپ بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى دۇشمەنلىك دوستلۇققا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى، مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئىسلامغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى نەپرەت مۇھەببەتكە ئايلاندى. ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكمەكچى بولغانلار ئۇلارغا يار-يۆلەك دوست ۋە سەپداش بولۇپ كەتتى.

لَّا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ لَمْ يُقَٰتِلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُم
مِّن دِيَٰرِكُمْ أَن تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوٓا۟ إِلَيْهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ ﴿٨﴾
إِنَّمَا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ قَٰتَلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَأَخْرَجُوكُم مِّن
دِيَٰرِكُمْ وَظَٰهَرُوا۟ عَلَىٰٓ إِخْرَاجِكُمْ أَن تَوَلَّوْهُمْ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُمْ فَأُو۟لَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩﴾

***ئاللاھ سىلەرنى (كاپىرلاردىن) سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان① ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا② ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ③، شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ④ [8]. ئاللاھ سىلەرنى دىن خۇسۇسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ***

***چىقىرىشقا يارەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن⑤، ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن (ئۆزىگە ئۆزى) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر⑥ [9].***

① بۇ بىرىنچى شەرت بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى دىن سەۋەبلىك ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك قىلمىغان ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇرۇش قىلمىغان كاپىرلار ھەققىدە تەلىمات بېرىلىۋاتىدۇ.

② بۇ ئىككىنچى شەرتتۇر. يەنى سىلەرنى ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بىرەر خاراكتېرلىك ئىشلارنى قىلمىغان. ئۈچىنچى شەرت ئالدىنقى ئايەتتىن ئايان بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ھېچقانداق يارەممۇ بەرمىگەن، قورال-ياراق، ئات-ئۇلاغ بىلەن ھەتتا پىكىر-تەكلىپ، مەسلىھەت ئارقىلىقمۇ قوللىمىغان.

③ يەنى ئەنە شۇنداق كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئادالەتلىك بولۇش چەكلەنمەيدۇ. ئىمام ئەھمەد ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدە تۈزگەن زاماندا ئانام مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. ئۇ مۇشرىك ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئانام يېنىمغا كەلدى، ئۇ موھتاجەدەك قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا سىلە-رەھىم قىلسام بولامدۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، ئانىڭىزغا سىلە-رەھىم قىلىڭ» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى **2620**-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم **1003**-ھەدىس)

④ بۇ ئايەتتە ئادالەت بولۇشقا تەرغىب قىلىنىدى، ھەتتا كاپىرلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدىمۇ. ئادالەتلىك بولغانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە مۇنداق بايان قىلغان: «ھۆكۈمدە ئادالەتلىك بولغانلار قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ يېنىدىكى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلار ئائىلىسى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ئادىل بولغانلاردۇر». (سەھىھ مۇسلىم **1827**-ھەدىس)

⑤ يەنى كىمكى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن.

⑥ چۈنكى ئۇلار دوست تۇتۇشقا لايىق ئەمەس كىشىلەرنى دوست تۇتتى، ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تاپشۇردى. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ﴾. (سۈرە مائىدە 51-ئايەت)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا جَآءَكُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ مُهَٰجِرَٰتٖ فَٱمۡتَحِنُوهُنَّۖ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِإِيمَٰنِهِنَّۖ فَإِنۡ عَلِمۡتُمُوهُنَّ مُؤۡمِنَٰتٖ فَلَا تَرۡجِعُوهُنَّ إِلَى ٱلۡكُفَّارِۖ لَا هُنَّ حِلّٞ لَّهُمۡ وَلَا هُمۡ يَحِلُّونَ لَهُنَّۖ وَءَاتُوهُم مَّآ أَنفَقُواْۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ أَن تَنكِحُوهُنَّ إِذَآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّۚ

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇئمىن ئاياللار سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى (ئىمانى خۇسۇسىدا) سىناپ كۆرۈڭلار①، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۇئمىن دەپ تونۇساڭلار②، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس③، (كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن) مەھرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار④، (شۇنىڭدىن كېيىن) ئۇلارنىڭ مەھرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلارمۇ سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ⑤،***

① ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ بىر ماددىسىدا: مەككىدىن بىرەر كىشى ھىجرەت قىلىپ، مۇسۇلمانلار تەرەپكە كەلسە، مۇسۇلمانلار ئۇنى مەككە ئەھلىگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك، دېگەن شەرت بار ئىدى. گەرچە ئۇنىڭدا ئەر ياكى ئايال دەپ ئېنىق دېيىلمىگەن بولسىمۇ، «بىرەر كىشى» دېگەن سۆز ئەر-ئايال ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم ئاياللار مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ، مۇسۇلمانلار تەرەپكە كەلدى، كاپىرلار ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ، ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش

ھەققىدە يۇقىرىقىدەك تەلىمات بەردى. ﴿ئۇلارنىڭ سىناپ كۆرۈڭلار﴾ دېگەننىڭ مەنىسى: ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئېنىقلاڭلار، ئۇلار راستىنلا ئىمان ئېيتىپ دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كەلدىمۇ؟ ياكى ئەرلىرىدىن رەنجىپ ياكى بىر مۇسۇلمانغا ئاشىق بولۇپ ۋەياكى باشقا بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن كەلدىمۇ؟ بۇنى سىناپ بېقىڭلار. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھدىنىڭ ئاياللارغا ئائىت قىسمىنى بىكار قىلدى. ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان بولدى.

② يەنى سىلەرنى ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۇئمىن ئاياللار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار.

③ بۇ يەردە ئۇلارنى كاپىر ئەرلىرىگە قايتۇرۇپ بەرمەسلىكنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق بىر مۇئمىن ئايال ھېچبىر كاپىرغا ھالال ئەمەس. بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جايىز ئىدى. مەسىلەن: ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئەمرىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ چاغدا ئەبۇلئاس مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئاياللارنى كاپىر ئەرلەرگە ياتلىق قىلىش چەكلەندى. شۇ ۋەجىدىن بۇ يەردە، مۇئمىن ئاياللار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، دېگەن ھۆكۈم چۈشتى. شۇڭا، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار. ئەمما، ئەگەر مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئېرىمۇ مۇسۇلمان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ ساقلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا ئېرى ئايالىدىن كېيىن ھىجرەت قىلغان بولسىمۇ.

④ يەنى ئۇلارنىڭ كاپىر ئەرلىرى بەرگەن مەھرىنى سىلەر ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار.

⑤ بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارغا شۇنداق خىتاب قىلىنىۋاتىدۇكى، ئىمانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كاپىر ئەرلىرىنى تاشلاپ، سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار بولىدۇ، لېكىن ئىككى شەرتنى ھازىرلىغاندىن كېيىن بولىدۇ، بىرىنچىسى: ئۇلارنىڭ مەھرىنى بېرىشىڭلار كېرەك. بۇ نىكاھلىنىشمۇ

سۈننەتكە ئۇيغۇن تەرىقىدە بولىدۇ يەنى ئايالنىڭ ئىددىتى توشقاندىن (رەھىمىدە ھامىلە يوق ئىكەنلىكى ئېنىقلانغاندىن) كېيىن بولىدۇ. ئىككىنچىسى: نىكاھ قىلىشتا ۋەلىينىڭ رۇخسىتى ۋە ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنىڭ ھازىر بولۇشى زۆرۈردۇر.

وَلَا تُمۡسِكُواْ بِعِصَمِ ٱلۡكَوَافِرِ وَسۡـَٔلُواْ مَآ أَنفَقۡتُمۡ وَلۡيَسۡـَٔلُواْ مَآ
أَنفَقُواْۚ ذَٰلِكُمۡ حُكۡمُ ٱللَّهِ يَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡۖ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ١٠
وَإِن فَاتَكُمۡ شَيۡءٞ مِّنۡ أَزۡوَٰجِكُمۡ إِلَى ٱلۡكُفَّارِ فَعَاقَبۡتُمۡ فَـَٔاتُواْ ٱلَّذِينَ
ذَهَبَتۡ أَزۡوَٰجُهُم مِّثۡلَ مَآ أَنفَقُواْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِيٓ أَنتُم بِهِۦ
مُؤۡمِنُونَ ١١

*كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار①، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار②، ئۇ كاپىرلارمۇ (سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇئمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىنى تەلەپ قىلسۇن③، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇر④، ئاللاھ ئاراڭلاردا (شۇنداق) ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [10]. ئەگەر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بەزى ئاياللار (دىنىدىن يېنىۋېلىپ) كاپىرلارغا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، (ئۇ كاپىرلار مەزكۇر ئاياللارغا سىلەر بۇرۇن بەرگەن مەھرىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرمىسە)، سىلەر (كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ) غەنىيمەت ئالغان چېغىڭلاردا، ئايالى كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرگە (غەنىيمەتتىن) ئۇلار بەرگەن مەھرىگە تەڭ مىقداردا بىر نەرسە بېرىڭلار (يەنى مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ ئايالى كاپىرلار تەرەپكە قېچىپ كەتسە، سىلەر كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئالغان غەنىيمەت مالدىن مەزكۇر ئايالنىڭ ئېرىگە مەھرى مىقدارى مال بېرىڭلار)⑤. سىلەر ئۆزۈڭلار ئىشەنگەن ئاللاھتىن قورقۇڭلار [11].*

① ﴿عِصَمِ﴾ " عِصْمَةٌ " نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن نىكاھ

كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئەگەر ئەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئايالى كاپىر ۋە مۇشرىك ھالەتتە قالغان بولسا، ئۇنداق مۇشرىك ئايالنى نىكاھىدا ساقلاش جايىز ئەمەس. كاپىر ئايالنى دەرھال تالاق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ كۈنلا ئۆزىنىڭ ئىككى كاپىر ئايالىنى تالاق قىلىۋەتتى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كاپىر ئايالىنى تالاق قىلدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئەمما ئەگەر ئايال ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ياكى ناسارا) بولسا، ئۇنى تالاق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىش جايىز. شۇ ۋەجىدىن ئەگەر يەھۇدىي ياكى ناسارا ئايال ئىلگىرىدىن سىلەرنىڭ ئەمرىڭلاردا بولسا، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلاردىن ئايرىلىش زۆرۈر ئەمەس.

② يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن كاپىرلار تەرەپكە كەتكەن ئاياللىرىڭلاردىن ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار.

③ يەنى كاپىرلارمۇ، مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارغا بەرگەن مەھرىلىرىنى تەلەپ قىلسۇن.

④ بۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە بەرگەن مەھرى ھەققىنى تەلەپ قىلىپ ئالسۇن. بۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇر. ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ شۇ دەۋرگە خاس ھۆكۈم ئىدى. بۇ مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن ئىجمادۇر. (فەتھۇلقەدىر) بۇ ھۆكۈم ئۆز ۋاقتىدىكى ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىدىكى كېلىشىم سەۋەبىدىن ئىدى. ئەگەر مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا كەلگۈسىدە ھۇدەيبىيە سۇلھىسىگە ئوخشاش كېلىشىم بولسا، بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، زۆرۈر ئەمەس.

⑤ ﴿فَعَاقَبْتُمْ﴾ «غەنىيمەت ئالغان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى جازالىغان چېغىڭلاردا ياكى بەدىلىنى تۆلىگەن چېغىڭلاردا» دېگەن سۆزدىن ئىككى خىل ئۇقۇم چىقىدۇ. بىرىنچىسى: مۇسۇلمان بولۇپ، سىلەر مەككىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنىڭ مەھرى ھەققىنى ئۇلارنىڭ كاپىر ئەرلىرىگە بېرەتتىڭلار، ئەمدى ئۇنى، ئاياللىرى (كاپىر بولۇپ (كاپىرلار تەرەپكە كەتكەن مۇسۇلمان ئەرلەرگە بېرىڭلار. چۈنكى، ئۇلار مەزكۇر ئاياللارنىڭ مەھرى ھەققىنى مۇسۇلمان ئەرلىرىگە بەرمىدى (يەنى بۇمۇ جازالاشنىڭ بىر شەكلىدۇر). ئىككىنچى ئۇقۇم شۇكى، سىلەر كاپىرلار

بىلەن جىھاد قىلىپ غەنىيمەت ئالساڭلار، ئۇنى تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى ئاياللىرى كاپىرلار دىيارىغا كەتكەن كىشىلەرگە ئاياللىرىغا بەرگەن مەھرىنىڭ مىقدارىنى شۇ غەنىيمەتتىن بېرىڭلار. (دېمەك ئۇرۇش قىلىپ ئالغان غەنىيمەتتىن مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىنى تولەشمۇ بىر خىل جازادۇر) (ئەيسەر تەپاسىر ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر) ئەگەر غەنىيمەت بىلەنمۇ زىياننى تولدۇرغىلى بولمىسا، بەيتۇلمالدىن ياردەم قىلىندۇ. (ئەيسەر تەپاسىر)

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِذَا جَآءَكَ ٱلْمُؤْمِنَـٰتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَىٰٓ أَن لَّا يُشْرِكْنَ بِٱللَّهِ شَيْـًٔا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَـٰدَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَـٰنٍ يَفْتَرِينَهُۥ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِى مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَٱسْتَغْفِرْ لَهُنَّ ٱللَّهَ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَتَوَلَّوْا۟ قَوْمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ قَدْ يَئِسُوا۟ مِنَ ٱلْـَٔاخِرَةِ كَمَا يَئِسَ ٱلْكُفَّارُ مِنْ أَصْحَـٰبِ ٱلْقُبُورِ ﴿١٣﴾

***ئى پەيغەمبەر! مۇئمىن ئاياللار سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلاردىن تۇغقان بالىنى يالغاندىن ئېرىنىڭ بالىسى دەۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يەنى يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا ۋەدە بەرسە)، ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن①، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [12]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھ غەزەپ قىلغان قەۋمنى دوست تۇتماڭلاركى②، ئۇلار ئاخىرەتتىن خۇددى كاپىرلار قەبرىلەردىكى (ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىدىن) ئۈمىد ئۈزگەندەك ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردۇر③ [13].***

① ئاياللاردىن بۇ بەيئەت ئۇلار ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە ئېلىنىدۇ. سەھىھۇل بۇخارى 4891-ھەدىستىكى بۇ سۈرىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغاندەك. ئۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغان كۈنىمۇ قۇرەيشلىك ئاياللاردىن بەيئەت ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللاردىن بەيئەت ئالغاندا سۆز ئارقىلىقلا بەيئەت ئالاتتى، ھېچبىر ئايالنىڭ قولىنى تۇتمايتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيئەت جەريانىدا بىرمۇ ئايال كىشىنىڭ قولىنى تۇتمىغان. ئۇ پەقەت ئاياللارغا: «مەن سىزدىن ئەنە شۇ شەرتلەر ئاساسىدا بەيئەت ئالدىم» دېيىش بىلەنلا بەيئەت ئالاتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 4891-ھەدىس) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئاياللاردىن ئۈن سېلىپ، ياقا يىرتىپ يىغلىماسلىققا، يۈزنى تاتلىماسلىققا، چاچلىرىنى يۇلماسلىققا، قارغاپ دۇئا قىلماسلىققا ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك باللىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە ئەھدە ئالاتتى. (سەھىھۇل بۇخارى 4892-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 937-ھەدىس، سۇنەنى ئەبى داۋۇد 3131-ھەدىس) بۇ بەيئەتتە ناماز، روزا، ھەج ۋە زاكات قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنمىغان. چۈنكى، ئۇلار دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ئىسلامنىڭ تۈپ يىلتىزى بولغانلىقتىن ئالاھىدە ئەسكەرتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇسۇسەن ئاياللاردىن كۆپرەك سادىر بولىدىغان گۇناھ ئىشلارنى قىلماسلىققا، ئۇلار دىنىنىڭ ئاساسي بولغان پەرزلەرنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە مەزكۇر گۇناھلاردىن ساقلانسۇن دەپ، ئۇلاردىن ئەھدە ئالاتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۆلىمالار، دەۋەتچىلەر خۇتبىلىرىدە، ۋەز-نەسىھەتلىرىدە، دىنىنىڭ ئاساسلىرى بولغان پەرزلەرنى بايان قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماستىن، بەلكى جەمئىيەتتە يامراپ كېتىۋاتقان ئىللەت، گۇناھ-مەئسىيەتلەر، ھەتتا بىر قىسىم ناماز ۋە روزىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر سادىر قىلىشتىن ساقلىنالمايدىغان خاتالىقلار ھەققىدىمۇ سۆزلەش كېرەك.

② بۇلاردىن بەزى مۇپەسسىرلەر: يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر: مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېسە، بەزىلەر: بارلىق كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. ئاخىرقىسى ئەڭ توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قاتارىغا يەھۇدىيلارمۇ، مۇناپىقلارمۇ كىرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق كاپىرلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە لايىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەر قانداق بىر كاپىرنى دوست تۇتماڭلار. بۇ نۇقتا قۇرئان كەرىمدە بىر

قانچە جايدا بايان قىلىندى.

③ ئاخىرەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش دېگەننىڭ مەنىسى: قىيامەتنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. «قەبرىلەرنىڭ ئەھلى، قەبرىلەردىكىلەر» يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن ئۆلۈكلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەر دېگەننىڭ بىر مەنىسى شۇكى، ئۇلار ئاخىرەتتە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلەر دېمەكتۇر. يەنە بىر مەنىسى، قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن كاپىرلار ھەممە ياخشىلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن كاپىر بولغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردى، ئەمدى قانداقمۇ ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلسۇن؟ (تەپسىر ئىبنى جەرىر تەبەرى)

# سۈرە سەف

| (٦١) سورة الصف مدنية ١٤ آية | (61) سۈرە سەف مەدىنىدە چۈشكەن 14 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ١
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ ٢ كَبُرَ مَقْتًا
عِندَ ٱللَّهِ أَن تَقُولُواْ مَا لَا تَفْعَلُونَ ٣

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى (بارلىق) نەرسىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟)① [2] سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نېمە دېگەن ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىش!② [3].***

★ بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: بىر قىسىم ساھابىلەر بىر يەردە ئولتۇرۇپ بىر-بىرىدىن: ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل قايسى؟ دەپ سوراشقان ۋە بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماقچى بولغان.

ئەمما، ھېچكىم سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغان. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى نازىل قىلغان. (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 452-بەت، سۈنەنى تىرمىزى 3309-ھەدىس )

① بۇ يەردىكى خىتاب، گەرچە ئومۇمىي بولسىمۇ، ئەسلىدە ھېلىقى «ئاللاھ تائالاغا قايسى ئەمەلنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلسەك، شۇنى قىلساق بولاتتى دېگەن، سۆيۈملۈك ئەمەلنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، سۈسلىشىپ قالغان» مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان. شۇ ۋەجىدىن بۇ يەردە ئەنە شۇنداق ئاغزىدا ياخشى گەپنى قىلىدىغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە قىلمايدىغان كىشىلەر ئەيىبلىنىۋاتىدۇ. ئېغىزىڭلاردىن چىقارغان سۆزنى نېمىشقا ئەمەلگە ئاشۇرمايسىلەر؟ تىلىڭلار بىلەن دېگەننى نېمىشقا ئەمەلدە ئىجرا قىلمايسىلەر؟

③ بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەنە شۇنداق كىشىلەردىن قاتتىق نارازى بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلىپ بەردى.

إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِهِۦ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنْيَٰنٌ
مَّرْصُوصٌ ۝٤ وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ يَٰقَوْمِ لِمَ تُؤْذُونَنِى وَقَد
تَّعْلَمُونَ أَنِّى رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُمْ ۖ فَلَمَّا زَاغُوٓا۟ أَزَاغَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمْ ۚ وَٱللَّهُ
لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْفَٰسِقِينَ ۝٥ وَإِذْ قَالَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ يَٰبَنِىٓ
إِسْرَٰٓءِيلَ إِنِّى رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُم مُّصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَىَّ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ

*شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا، مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) ياخشى كۆرىدۇ① [4]. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ ئاللاھنىڭ سىلەرگە (ئەۋەتكەن) پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، سىلەر نېمىشقا ماڭا ئازار بېرىسىلەر؟» دېگەن ئىدى②، ئاندىن ئۇلار (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كېتىشۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ھىدايەتتىن) بۇرىۋەتتى③. ئاللاھ (ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان) پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ*

***[5]. ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى④،***

① بۇ ئايەتتە جىھادنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلدى.

② ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ھەق پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا نالايىق سۆزلەر بىلەن ئازار بېرەتتى، ھەتتا ئۇنىڭدا يوق جىسمانىي كەمتۈكلۈكلەرنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلاتتى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدا ئۇلار دەۋا قىلغان جىسمانىي كەمتۈكلۈك ۋە ئىللەت يوق ئىدى.

③ يەنى ئۇلار ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋىدى، ھەقنىڭ ئورنىغا باتىلنى، ياخشىلىقنىڭ ئورنىغا يامانلىقنى، ئىماننىڭ ئورنىغا كۇفرىنى ئىختىيار قىلىۋىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى. چۈنكى، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. كىمكى كۇفرىلىق ۋە گۇمراھلىقتا ئىزچىل تۇرۇۋالسا، بۇ ئۇنىڭ دىلىغا مۆھۈر بېسىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە پاسىقلىق، زالىملىق، كۇفرىلىق ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ھېچكىم قادىر بولالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئايەتنىڭ ئاخىرىدا دېيىلدىكى، ئاللاھ تائالا ئۆز ئەمرىگە ئىتائەت قىلمايدىغان پاسىق قەۋمگە ھىدايەت ئاتا قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداق قەۋمنى ئاللاھ ئۆز قانۇنىيىتىگە ئاساسەن گۇمراھ قىلغان بولىدۇ، ئۇلارنى ھېچكىم ھىدايەت يولىغا باشلىيالمايدۇ.

④ بۇ يەردە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىشتىكى سەۋەب شۇكى، ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغاندەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئىنكار قىلدى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىۋاتىدۇكى، بۇ يەھۇدىيلار پەقەت ساڭىلا شۇنداق مۇئامىلە قىلغىنى يوق، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن تارىخى بويىچە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن. تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى دېگەننىڭ مەنىسى: مەن دەۋەت قىلىۋاتقان

نەرسە، تەۋرات دەۋەت قىلغان نەرسىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر تەۋرات ئېلىپ كەلگەن بولسا، مەن ئىنجىل ئېلىپ كەلدىم، بۇ ئىككىسىنىڭ مەنبەسى بىردۇر. شۇ ۋەجىدىن سىلەر مۇسا، ھارۇن، داۋۇد ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارغا ئىمان كەلتۈرگەنىدەك، ماڭىمۇ ئىمان كەلتۈرۈڭلار. چۈنكى، مەن تەۋراتنى ئەستىق قىلغۇچىمەن، ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭغا قارشى سۆز قىلغۇچىمۇ ئەمەسمەن.

وَمُبَشِّرَۢا بِرَسُولٍ يَأۡتِي مِنۢ بَعۡدِي ٱسۡمُهُۥٓ أَحۡمَدُۖ فَلَمَّا جَآءَهُم
بِٱلۡبَيِّنَٰتِ قَالُواْ هَٰذَا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ﴿٦﴾ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى
ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ وَهُوَ يُدۡعَىٰٓ إِلَى ٱلۡإِسۡلَٰمِۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧﴾ يُرِيدُونَ لِيُطۡفِـُٔواْ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَٱللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِۦ
وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨﴾ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَرۡسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلۡهُدَىٰ وَدِينِ
ٱلۡحَقِّ لِيُظۡهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُشۡرِكُونَ ﴿٩﴾

***مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى① پەيغەمبىرىمەن» دېگەن ئىدى. ئۇ (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام) ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى② [6]. ئىسلامغا دەۋەت قىلىنىۋاتقان تۇرۇقلۇق③، ئاللاھ نامىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ شېرىكى بار، بالىسى بار دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ) يالغاننى توقۇغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟④ ئاللاھ (كۇفرىنى تاللاپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [7]. ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى (يەنى ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان قۇرئاننى يالغان گەپلىرى بىلەن بىكار قىلىۋەتمەكچى) بولىدۇ⑤. ئاللاھ بولسا كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى غالىب قىلغۇچىدۇر)⑥ [8]. ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي⑦، ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش***

***ئۇچۇن⑧، ئۆز پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر [9].***

① يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىلەن بېشارەت بەرگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ھەققىمدە ئاتام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغان، ئىيسا ئەلەيھىسسالام مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىم توغرۇلۇق خۇش خەۋەر بەرگەن». (ئەيسەر تەپاسىر) ﴿أَحۡمَدُ﴾ دېگەن سۆزنى لۇغەتتىكى مەنىسى جەھەتتىن، ئىگىدىن تۇرلىنىپ چىققان سۈپەتنىڭ مۇبالىغە شەكلى دەپ ئالغاندا، مەنىسى: بارلىق كىشىلەردىن زىيادە ئاللاھقا ھەمدە ئېيتقۇچى، دېگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى تولدۇرغۇچىدىن تۇرلىنىپ چىققان دەپ ئالغاندا، مەنىسى: ئېسىل خىسلەتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ھېچكىم مەدھىيەلىنىپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ مەدھىيەلەنگۈچى، دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن روشەن مۆجىزىلەرنى ئۇلار: ﴿بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر﴾ دەپ ئاتىدى. ئىلگىرىكى قەۋملەرمۇ پەيغەمبەرلىرىگە شۇنداق دەپ كەلگەن ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگۈچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر﴾ دېگۈچىلەر بولسا، مەككە كاپىرلىرىدۇر. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، مەككە كاپىرلىرى: ﴿«بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى﴾.

③ يەنى بارلىق دىنلاردىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك دىنغا دەۋەت قىلىنغان تۇرۇقلۇق يەنى شۇنداق ئۇلۇغ دىنغا چاقىرىلغان ئادەمنىڭ يالغاننى توقۇپ، باشقىلارغا بوھتان چاپلىشى، بولۇپمۇ ئاللاھقا بوھتان چاپلىشى مۇناسىپ كېلەمدۇ؟

④ يەنى ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېيىش ياكى ئاللاھ ھارام قىلمىغان نەرسىنى، ھارام قىلىۋېلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟

⑤ «نۇر» دېگەندىن قۇرئان كەرىم ياكى ئىسلام ياكى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام ياكى دەلىل-ئىسپاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿ئىبغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ﴾ يەنى ئۇلار ئىبغىزلىرىدىن چىققان تەنە خاراكتېرلىك يالغان سۆزلىرى بىلەن ھەقنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ.

⑥ يەنى ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقۇچى ۋە بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلغۇچى. دەلىل-ئىسپات جەھەتتىن غالىب قىلغۇچى ياكى ماددىي جەھەتتىن غالىب قىلغۇچى ۋە ياكى ھەر ئىككى جەھەتتىن غالىب قىلغۇچىدۇر.

⑦ بۇ ئىبارە ئالدىنقى ئىبارىنى تەكىتلەپ كەلگەن. يەنى ئەھمىيىتى زور بولغانلىقى ئۈچۈن تەكرارلانغان.

⑧ بۇ ۋەدە ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ هَلۡ أَدُلُّكُمۡ عَلَىٰ تِجَٰرَةٖ تُنجِيكُم مِّنۡ
عَذَابٍ أَلِيمٖ ١٠ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتُجَٰهِدُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ
بِأَمۡوَٰلِكُمۡ وَأَنفُسِكُمۡۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ١١
يَغۡفِرۡ لَكُمۡ ذُنُوبَكُمۡ وَيُدۡخِلۡكُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا
ٱلۡأَنۡهَٰرُ وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةٗ فِي جَنَّٰتِ عَدۡنٖۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ١٢
وَأُخۡرَىٰ تُحِبُّونَهَاۖ نَصۡرٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَتۡحٞ قَرِيبٞۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٣

*ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان بىر تىجارەتكە باشلاپ قويايمۇ؟① [10]. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن دىلىڭلاردىن) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر [11]. (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ) سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمى تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ). بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر [12]. (سىلەرگە) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر نېمەت بار، ئۇ ئاللاھتىن (سىلەرگە) كېلىدىغان ياردەم*

*ۋە يېقىندا قولغا كەلتۈرۈلىدىغان غەلىبىدۇر (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىدۇر)②. (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەرگە (دۇنيادا غەلىبە ۋە ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن③ [13].*

① بۇ يەردە ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل (ئىمان ۋە جىھاد) تىجارەت دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇنىڭدا تىجارەتكە ئوخشاش پايدا بولىدۇ. ئۇ قانداق پايدا؟ ئۇ پايدا جەننەتكە كىرىش ۋە جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق پايدا بولسۇن؟ بۇ پايدا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەت بېرىش بەدىلىگە سېتىۋالدى﴾. (سۈرە تەۋبە 111-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

② ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلساڭلار ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا شۇنداق دېگەنكى: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلىدۇ﴾. (سۈرە مۇھەممەد 7-ئايەت) يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ ئۆزىنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىغانلارغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾. (سۈرە ھەج 40-ئايەت) ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان نېمەتلەردىن ئىلگىرى ئېرىشىدىغان يەنە بىر نېمەت  يېقىندا قولغا كەلتۈرۈلىدىغان غەلىبە دەپ ئاتالدى. ئۇ غەلىبىدىن مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن، توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن فارىس ۋە رىم سەلتەنەتلىرى ئۈستىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

③ مۇئمىنلەرگە ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ۋە دۇنيادا غەلىبە-نۇسرەتكە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. شەرتى شۇكى، ئۇلار ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك: ﴿ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر﴾. (سۈرە ئال ئىمران 139-ئايەت) تۆۋەندە ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ئۆزىنىڭ دىنىغا تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىشكە تەرغىب قىلىۋاتىدۇ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُوٓاْ أَنصَارَ ٱللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ لِلۡحَوَارِيِّـۧنَ مَنۡ أَنصَارِيٓ إِلَى ٱللَّهِۖ قَالَ ٱلۡحَوَارِيُّونَ نَحۡنُ أَنصَارُ ٱللَّهِۖ فَـَٔامَنَت طَّآئِفَةٞ مِّنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَكَفَرَت طَّآئِفَةٞۖ فَأَيَّدۡنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ عَلَىٰ عَدُوِّهِمۡ فَأَصۡبَحُواْ ظَٰهِرِينَ ﴿١٤﴾

***ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ھاۋارىيلار (يەنى ئىيساغا دەسلەپ ئەگەشكەن كىشىلەر)دەك ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ياردەمچىلىرى بولۇڭلار①. مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ھاۋارىيلارغا: «ئاللاھقا (دەۋەت قىلىشتا) مېنىڭ ياردەمچىلىرىم كىملەر؟» دېگەندە، ھاۋارىيلار: «بىز ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ياردەمچىلىرىدۇرمىز» دېدى②. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى③. ئاندىن ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچلەندۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غالىب بولدى④ [14].***

① ھەر قانداق ئەھۋالدا، سۆزلىرىڭلار بىلەن، ئىش- ھەرىكىتىڭلار، جېنىڭلار ۋە پۇل-ماللىرىڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىڭلار. سىلەر ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشكە چاقىرىلساڭلار، مەيلى نەدە ۋە قايسى ھالەتتە بولۇڭلار، ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە بۇ دەۋەتكە، خۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشقاندەك، دەرھال ئاۋاز قوشۇڭلار.

② يەنى بىز، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە تارقىتىشنى بۇيرۇغان دىنىنى دەۋەت قىلىشتا ئۇنىڭغا ياردەمچى بولدۇقمۇ؟ بۇ دىنىنى دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج مەۋسۇملىرىدە مۇنداق دەيتتى: «پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشىم ئۈچۈن، ماڭا ياردەم بېرىدىغان ئادەم بارمۇ؟ شەك-شۈبھىسىزكى، قۇرەيشلەر مېنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشىمدىن توستى». نەتىجىدە مەدىنە ئەھلىدىن ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىشكە ئاۋاز قوشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى ۋە ئۇنى ھەر جەھەتتىن قوللاشقا ۋەدە بەردى. ھەتتا ئۇلار، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ

مەدىنىگە كەلسە، ئۇنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، ئۇلار ۋەدىسى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە كۆپ ياردەم قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنى ئەنسارلار (يەنى ياردەمچىلەر) دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئۇلارنىڭ ئاتاھىدە نامى بولۇپ قالدى. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى مەمنۇن قىلسۇن! (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ بۇ كاپىر بولغان تائىپە يەھۇدىيلار بولۇپ، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىپلا قالماستىن يەنە ئۇنى ۋە ئانىسىنى ئېغىر گۇناھ بولىدىغان بوھتانلار بىلەن قارىلىدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلاردىن بىر پىرقە: ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇردى، ئاندىن ئاسمانغا چىقىپ كەتتى، دېيىشتى، بۇ پىرقە يەقۇبىيە دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر پىرقە نەستۇرىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار: ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، دېيىشتى. يەنە بىر پىرقە: ئىيسا ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، ئۇ ئىچىمىزدە ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە تۇردى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، دېيىشتى. پەقەت مۇشۇ توغرا ئېتىقادلىق پىرقە ئىدى.

④ يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش بىلەن، ئۇنىڭغا باتىل پىرقىلەر ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلدۇق. مەزكۇر توغرا ئېتىقادلىق پىرقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتتى. ئاندىن بىز ئۇلارنى دەلىل-ئىسپات جەھەتتىنمۇ بارلىق كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلدۇق، يەنە قۇۋۋەت ۋە سەلتەنەت جەھەتتىنمۇ ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلدۇق. بۇ غەلىبىنىڭ ئاخىرقى قېتىم ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ۋاقتى ئاخىر زاماندا ئىيسا ئەلەيھىسسالام زېمىنغا قايتىپ چۈشكەندە بولىدۇ. قىيامەتتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىدىغانلىقى مۇتەۋاتىر دەرىجىدىكى سەھىھ ھەدىسلەردە ئېنىق رىۋايەت قىلىنغان.

# سۈرە جۇمئە

| (62) سورة الجمعة مدنية 11 آية | (62) سۈرە جۇمئە مەدىنىدە چۈشكەن 11 ئايەت |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ٱلْمَلِكِ ٱلْقُدُّوسِ ٱلْعَزِيزِ
ٱلْحَكِيمِ ﴿١﴾ هُوَ ٱلَّذِى بَعَثَ فِى ٱلْأُمِّيِّـۧنَ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُواْ عَلَيْهِمْ
ءَايَـٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَـٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبْلُ
لَفِى ضَلَـٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٢﴾ وَءَاخَرِينَ مِنْهُمْ لَمَّا يَلْحَقُواْ بِهِمْ ۚ وَهُوَ
ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٣﴾

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى (بارلىق) نەرسىلەر (مۇتلەق) پادىشاھ، (نۇقسانلاردىن) پاك، غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ [1]. ئاللاھ ئۇممىيلەرگە① (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا (قۇرئان) ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتكەن زاتتۇر. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى [2] ھەمدە (پەيغەمبەرنى) ئۇلارنىڭ***

***زامانىسىدا تېخى بولمىغان (ئۇلاردىن كېيىن تا قىيامەتكىچە كېلىدىغان) باشقا قەۋملەرگىمۇ ئەۋەتكەن زاتتۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى زامانداشلىرىغىلا خاس ئەمەس، بەلكى قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئىنسانلارغا ئومۇمىيدۇر)②. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [3].***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇمە نامىزىدا «سۈرە جۇمە» ۋە «سۈرە مۇنافىقۇن»نى ئوقۇيتتى.

① ﴿الْأُمِّيِّنَ﴾ «ئۇممىيلەر» دېگەندە كۆپ سانلىقى ساۋاتسىز ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى باشقىلارغا ئەمەس، پەقەت شۇ ئەرەبلەرگە خاس دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇلار پەقەت بىرىنچى بولۇپ خىتاب قىلىنغانلار ئىدى، شۇ ۋەجىدىن بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان پەزلى ۋە مەرھەمىتى ئىدى.

② ﴿وَآخَرِينَ مِنْهُمْ﴾ «ھەمدە باشقا قەۋملەرگىمۇ»دىكى باغلىغۇچى يۇقىرىدىكى ﴿الْأُمِّيِّنَ﴾ «ئۇممىيلەر»نى كۆرسىتىدۇ. يەنى " بَعَثَ فِيْ آخَرِيْنَ مِنْهُمْ " دېگەن بولىدۇ، مەنىسى: ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەرەبلەردىن باشقا قەۋملەرگىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتتۇر. «باشقا قەۋملەر» ئەرەبلەردىن باشقا ئەجەملەر يەنى قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋملەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: بۇ ئىبارە ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دەۋرىدىن تاكى قىيامەتكە قەدەر ياشايدىغان بارلىق ئەرەب ۋە ئەجەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىگە فارىسلار، رىملىقلار، بەربەرىيلەر، سۇدانلىقلار، تۈركلەر، موغۇللار، كۇردلار، خىتايلار، ھىندىيلار ۋە باشقا بارلىق قەۋملەر كىرىدۇ. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى پۈتۈن دۇنيا ئەھلى ئۈچۈندۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ قەۋملەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتتى. (فەتھۇلقەدىر)

ذَٰلِكَ فَضْلُ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٤﴾
مَثَلُ ٱلَّذِينَ حُمِّلُوا۟ ٱلتَّوْرَىٰةَ ثُمَّ لَمْ يَحْمِلُوهَا كَمَثَلِ ٱلْحِمَارِ يَحْمِلُ

أَسۡفَارَۢاۚ بِئۡسَ مَثَلُ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي
ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ٥ قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ هَادُوٓاْ إِن زَعَمۡتُمۡ أَنَّكُمۡ
أَوۡلِيَآءُ لِلَّهِ مِن دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُاْ ٱلۡمَوۡتَ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٦

*مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ① ، ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر [4]. تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) بۇيرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار)نىڭ مىسالى خۇددى چوڭ كىتابلارنى كۆتۈرىدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ (يەنى پايدىلىق چوڭ - چوڭ كىتابلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ)② ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان بۇ قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھ (بۇنداق ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [5]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭلارنىلا ئاللاھنىڭ دوستلىرى دەپ دەۋا قىلىدىغان بولساڭلار③ ھەمدە (بۇ دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار④ ، (ئاخىرەتنىڭ راھىتىگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار»⑤ [6].*

① بۇ يەردىكى «ئاللاھنىڭ پەزلى» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئەرەب ۋە ئەجەملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى كۆرسىتىشىمۇ، يەنە كىشىلەرنى ئۇنىڭ دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىشى ۋە ھىدايەت ئاتا قىلىشىدىن ئىبارەت پەزلىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن.

② ﴿أَسۡفَارً﴾ " سِفْرٌ " (سەپەر)نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، چوڭ كىتابلار دېمەكتۇر. كىتاب ئوقۇلغان چاغدا ئىنسان ئۇنىڭ مەنىلىرى ئىچىدە سەپەر قىلىدۇ، شۇ ۋەجىدىن كىتابمۇ سەپەر دەپ ئاتىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بۇ يەردە تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلمايدىغان يەھۇدىيلارنىڭ مىسالى بايان قىلىندى. خۇددى ئېشەك ئۈستىگە يۈكلەنگەن كىتابقا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلمىگەندەك، يەنە بىر ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، ئۈستىگە كىتاب يۈكلەندىمۇ ياكى ئەخلەت-چاۋا يۈكلەندىمۇ بىلمىگەندەك،

بۇ يەھۇدىيلارمۇ تەۋراتنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، ئۇنى ئوقۇشقا ۋە يادلاشقا ۋەدە قىلىدۇ، ئەمما ئۇنى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. تېخى ئۇنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەقىقەتتە ئېشەكتىنمۇ بەتتەردۇر. چۈنكى ئېشەكتە يارىتىلىشتىنلا ئەقىل-ئىدراك بولمايدۇ. ئەمما، بۇ يەھۇدىيلاردا ئەقىل-ئىدراك بار تۇرۇپ، ئۇنى توغرا ئىشلەتمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاخىرىدا ﴿بۇ قەۋمنىڭ مىسالى نېمە دېگەن يامان!﴾ دېيىلدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار گويا چارۋىلارغا ئوخشاشتۇر، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ بەك ئازغۇندۇر﴾. (سۈرە ئەئراف 179-ئايەت) بۇ مىسال مۇسۇلمانلارغىمۇ، خۇسۇسەن قۇرئاننى ئوقۇيدىغان، يادلايدىغان، ئۇنىڭ مەنە-مەقسەتلىرىنى چۈشىنىدىغان، ئەمما ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلمايدىغان ئۆلىمالارغىمۇ چۈشىدۇ.

③ مەسىلەن: ﴿يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرىمىز» دېدى﴾. (سۈرە مائىدە 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە ﴿ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىشتى﴾. (سۈرە بەقەرە 111-ئايەت) يەنى ئۇلار شۇنداق دەۋا قىلاتتى.

④ چۈنكى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىگە جەننەت بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم، ئۇ يەرگە تېزراق بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنى مۇباھىلىگە دەۋەت، يەنى ئۆزئارا بەتدۇئا قىلىشىشقا چاقىرىق دەپ تەپسىر قىلدى. يەنى ئۇنىڭدا ئۇلارغا دېيىلدىكى، ئەگەر سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشتا ۋە «بىز ئاللاھنىڭ دوستى، جەننەت بىزگىلا خاس» دېگەن دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە مۇباھىلە قىلىڭلار، يەنى مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئى ئاللاھ! بىزدىن كىم يالغانچى بولسا، ئۇنى ئۆلۈمگە دۇچار قىلغىن، دەپ دۇئا قىلىڭلار. (سۈرە بەقەرە 94-ئايەتنىڭ شەرھىسىگە قارالسۇن)

⑤ يەنى دەۋايىڭلار بويىچە ئۆزۈڭلارغىلا خاس بولغان شان-شەرەپ ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆلۈم تىلەپ دۇئا قىلىپ بېقىڭلار.

وَلَا يَتَمَنَّوْنَهُۥٓ أَبَدًۢا بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧﴾
قُلْ إِنَّ ٱلْمَوْتَ ٱلَّذِى تَفِرُّونَ مِنْهُ فَإِنَّهُۥ مُلَٰقِيكُمْ ۖ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَىٰ
عَٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا نُودِىَ لِلصَّلَوٰةِ مِن يَوْمِ ٱلْجُمُعَةِ فَٱسْعَوْا۟ إِلَىٰ
ذِكْرِ ٱللَّهِ وَذَرُوا۟ ٱلْبَيْعَ ۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٩﴾

***ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدۇ①، ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر [7]. ئېيتقىنكى، «(ئى يەھۇدىيلار!) سىلەر قېچىۋاتقان بۇ ئۆلۈم چوقۇم سىلەرنى تاپىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، شۇ چاغدا ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» [8]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! جۈمە كۈنى نامازغا (جۈمەگە) ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) دەرھال بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار②، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇنداق قىلغىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر [9].***

① يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى سەۋەبىدىن ھەرگىزمۇ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمايدۇ.

② بۇ ئەزان قانداق ئېيتىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىبارىلىرى قايسى؟ بۇلار قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنمىغان. ئەمما، ھەدىس شەرىپتە بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلماي تۇرۇپ قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. جۈمە كۈنىنىڭ «جۈمە» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئاللاھ تائالا جۈمە كۈنىدە بارلىق شەيئىلەرنى يارىتىشتىن فارىغ بولغان (يەنى تاماملىغان) ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈن بارلىق مەخلۇقاتنىڭ جەم بولىدىغان كۈنى بولۇپ قالغان ياكى بۇ جۈمە نامىزى ئۈچۈن جەم بولىدىغان كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن جۈمە دەپ ئاتالغان. (فەتھۇلقەدىر) ﴿فَٱسْعَوْا۟﴾ «دەرھال بېرىڭلار»نىڭ مەنىسى: نامازغا يۈگۈرۈپ كېلىڭلار دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان ئېلىم-سېتىم ۋە ئىشىڭلارنى توختىتىڭلار، نامازغا

كېلىشلار، دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، نامازغا يۈگۈرۈپ كېلىش چەكلەنگەن. تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن مېڭىپ كېلىش تەكىتلەنگەندۇر. (سەھىھۇل بۇخارى 636-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 602-ھەدىس) بەزى ئۆلىمالار «ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى دەلىل كەلتۈرۈپ، جۇمە نامىزىنى پەقەت شەھەرلەردە ئوقۇش پەرز؛ يېزا-سەھرادىكىلەرگە پەرز ئەمەس، چۈنكى ئېلىم-سېتىم شەھەردە بولىدۇ، يېزىلاردا بولمايدۇ، دەپ قارىغان. ھازىرقى ۋاقىتتا ئېلىم-سېتىم بولمايدىغان يېزا-قىشلاقلار يوق. يەنە ئېلىم-سېتىم ۋە ھۈنەر-كەسىپ دېگەن ھەر خىل ۋە تۈرلۈك تىرىكچىلىك يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك يېزا-قىشلاقلاردا ياشايدىغانلار مەشغۇل بولۇۋاتقان تېرىقچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق قاتارلىقلارمۇ تىرىكچىلىك قاتارىغا كىرىدۇ، شۇ ۋەجىدىن يېزىلاردىمۇ جۇمە ئوقۇلۇشى لازىم. جۇمە نامىزىغا ئەزان ئوقۇلغان ھامان يېزا ئەھلىمۇ دەرھال مەسجىدكە ھازىر بولۇشى كېرەك.

فَإِذَا قُضِيَتِ ٱلصَّلَوٰةُ فَٱنتَشِرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ وَٱبْتَغُواْ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ
وَٱذْكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿١٠﴾ وَإِذَا رَأَوْاْ تِجَٰرَةً أَوْ لَهْوًا
ٱنفَضُّوٓاْ إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَآئِمًا ۚ قُلْ مَا عِندَ ٱللَّهِ خَيْرٌ مِّنَ ٱللَّهْوِ
وَمِنَ ٱلتِّجَٰرَةِ ۚ وَٱللَّهُ خَيْرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١﴾

***ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارقىلىڭلار ۋە (تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىڭلار①، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار [10]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشىنى كۆرۈپ قالسا، سېنى ئۆرە تۇرغان (يەنى خۇتبە ئوقۇۋاتقان) ھالىتىڭدە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈزلىنىپ كېتىدۇ②. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى (مۇكاپات ۋە نېمەت)لەر③ تاماشىدىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر④، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر⑤ [11].***

① بۇ يەردىكى «ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىش» ئىش-ھەرىكەت،

تىرىكچىلىك ۋە تىجارەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى جۇمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ خىزمىتى ۋە تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار. بۇنىڭدىن مەقسەت جۇمە كۈنى ئىش-ھەرىكەتنى پۈتۈنلەي توختىتىپ، دۇكانلارنى تاقاشنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى ئۇچۇقلاش-تۇرۇشتىن ئىبارەت. پەقەت ناماز ۋاقتىدىلا شۇنداق قىلىش زۆرۈردۇر.

② بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇمە خۇتبىسى ئوقۇۋاتقان چاغدا، بىر سودا كارۋىنى مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن، بۇنى بىلگەن كىشىلەر كارۋاننىڭ تاۋار-ماللىرى سېتىلىپ تۈگەپ كەتمىسۇن دەپ، خۇتبىنى تەرك ئېتىپ، سودا-سېتىق ئۈچۈن ئالدىراپ مەسجىدتىن سىرتقا چىقىپ كەتكەن، مەسجىدتە پەقەت ئون ئىككى ئادەم قالغان. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت نازىل بولغان. (سەھىھۇل بۇخارى 4899-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 863-ھەدىس) ﴿اِنْفَضُّوٓا﴾ مايىل بولۇپ كەتتى، يۈزلىنىپ كەتتى، يۈگۈرۈپ تارىلىپ كەتتى دېگەن مەنىدە. ﴿اِلَيْهَا﴾ «ئۇنىڭغا»دىكى ئالماش تىجارەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالماش پەقەت تىجارەتكىلا قارىتىلغان، چۈنكى، گەرچە تىجارەت جايىز ۋە زۆرۈر بولسىمۇ، خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇش خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن باشقا ئويۇن-تاماشا ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ جۇمە ۋاقتىدا جايىز ئەمەستۇر. ﴿قَآئِمًا﴾ نىڭ مەنىسى: ئۆرە تۇرغان ھالدا، بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، جۇمە خۇتبىسىنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش سۈننەتتۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇمە كۈنى ئىككى خۇتبە ئوقۇيتتى، ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىسىدا ئازراق ئولتۇراتتى. ئۇ خۇتبىدە قۇرئان ئوقۇيتتى ۋە كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى». (سەھىھ مۇسلىم 86-ھەدىس)

③ يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان كاتتا مۇكاپات ۋە نېمەتلەر.

④ يەنى سىلەر يۈزلىنىپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسىدىن، خۇتبىنىمۇ ئاڭلىماي، مەسجىدتىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولغان نەرسىدىن ياخشىدۇر.

⑤ شۇڭا، پەقەت ئۇنىڭدىنلا رىزىق تەلەپ قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق مەرھەمەتكە ۋە رىزىققا ئېرىشىڭلار. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىلتىجا قىلىش رىزىق ھاسىل قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ تۈرتكىسى ۋە ئامىلىدۇر.

# سۈرە مۇنافىقۇن

| (٦٣) سورة المنفقون مدنية ١١ آية | (63) سۈرە مۇنافىقۇن مەدىنىدە چۈشكەن 11 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِذَا جَآءَكَ ٱلْمُنَٰفِقُونَ قَالُواْ نَشْهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ
إِنَّكَ لَرَسُولُهُۥ وَٱللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ لَكَٰذِبُونَ ١ ٱتَّخَذُوٓاْ
أَيْمَٰنَهُمْ جُنَّةً فَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ إِنَّهُمْ سَآءَ مَا كَانُواْ
يَعْمَلُونَ ٢ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ فَطُبِعَ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ
فَهُمْ لَا يَفْقَهُونَ ٣

***(ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن» دەيدۇ①، ئاللاھ سېنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ②، ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار (گۇۋاھلىق بېرىمىز دېگەن سۆزىدە) چوقۇم يالغانچىلاردۇر③ [1]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى④، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن) توستى⑤، ئۇلارنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان! [2]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئېغىزلىرىدا) ئىمان ئېيتتى، ئاندىن***

***(دىللىرىدا) كاپىر بولدى⑥. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى، شۇڭا ئۇلار (ئىماننى) چۈشەنمەيدۇ [3].***

① بۇ يەردىكى «مۇناپىقلار» دېگەندىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلسە، قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسىسەن، دەيتتى.

② بۇ قىستۇرما جۈملە بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئۇقۇمنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن. مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دەيتتى. بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرى ئاشكارا قىلىنىپ دېيىلدىكى: ئۇلار پەقەت ئېغىزلىرىدا شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دىللىرى ئىماندىن خالىيدۇر. لېكىن ئاللاھ بىلىدۇكى، سەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەسۇلىسەن.

③ ئۇلار «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن» دېگەن سۆزلىرىدە يالغانچىلاردۇر. يەنى ئۇلار چىن دىلىدىن گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، كۆز بويامچىلىق قىلىش ئۈچۈن پەقەت تىللىرىدا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

④ يەنى ئۇلار قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، دەيدۇ. ئۇلار بۇ يالغان قەسەملىرىنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلىۋالدى، ئۇلار بۇ قەسەملىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى سىلەردىن قوغداپ قالماقچى بولدى. چۈنكى، بۇلار كاپىرلارغا ئوخشاش سىلەرگە قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقمايدۇ.

⑤ بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇلار شەك ۋە شۈبھە پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى.

⑥ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مۇناپىقلارمۇ ئوچۇق كاپىردۇر.

۞ وَإِذَا رَأَيْتَهُمْ تُعْجِبُكَ أَجْسَامُهُمْۖ وَإِن يَقُولُواْ تَسْمَعْ لِقَوْلِهِمْۖ كَأَنَّهُمْ خُشُبٌ مُّسَنَّدَةٌۖ يَحْسَبُونَ كُلَّ صَيْحَةٍ عَلَيْهِمْۚ هُمُ ٱلْعَدُوُّ

فَٱحۡذَرۡهُمۡۚ قَٰتَلَهُمُ ٱللَّهُۖ أَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٤﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ
يَسۡتَغۡفِرۡ لَكُمۡ رَسُولُ ٱللَّهِ لَوَّوۡاْ رُءُوسَهُمۡ وَرَأَيۡتَهُمۡ يَصُدُّونَ وَهُم
مُّسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٥﴾ سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ أَسۡتَغۡفَرۡتَ لَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ
لَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٦﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ①، ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، سەن ئۇلارنىڭ (جۈملىرىنىڭ پاساھىتىدىن) سۆزىگە قۇلاق سېلىپ قالىسەن②، (دىلىنىڭ ئىماندىن خالىيلىقىدا) ئۇلار گويا تامغا يۆلەپ قويۇلغان (چىرىپ قالغان) قۇرۇق ياغاچلارنىڭ ئۆزىدۇر③، ئۇلار (قورقۇنچىتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان زىيانلىق ئاۋاز دەپ ئويلايدۇ④. ئۇلار (ساڭا ۋە مۇئمىنلەرگە) ھەقىقىي دۈشمەندۇر. ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقلارچە (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟ [4] ئۇلارغا: «(رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئۆزرە ئېيتىشقا) كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلسۇن» دېيىلسە، ئۇلار (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) باشلىرىنى چايقايدۇ (تولغايدۇ، بۇرايدۇ)⑤، سەن ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ (دەۋەت قىلىنغان نەرسىدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن⑥ [5]. ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، مەغپىرەت تەلەپ قىلمىساڭمۇ، بەرىبىر ئوخشاش⑦. ئاللاھ ئۇلارغا ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ (كەچۈرمەيدۇ)⑧. شەكسىزكى، ئاللاھ (ئىتائەتسىزلىكتىن چىققان) پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [6].***

① يەنى ئۇلارنىڭ ھۆسنى-جامالى ۋە سالاپىتىگە قاراپ ھەيران قالىسەن.

② تىلىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتلىكىدىن گەپ-سۆزلىرىنى بېرىلىپ تىڭشايسەن.

③ يەنى ئۇلار قەددى-قامىتى ۋە گۈزەل جامالى بىلەن ھەقنى

چۈشەنمەسلىكتە ۋە مەنپەئەتىنىڭ ئازلىقىدا خۇددى تامغا يۆلەپ قويۇلغان ياغاچقا ئوخشايدۇ. قارىغۇچىلارغا ياراملىقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇلار ھېچكىمگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ياكى بۇ ئىبارە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان باش كېلىشىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، مەنىسى مۇنداق: بۇ مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىدە خۇددى تامغا يۆلەپ قويۇلغان ياغاچلاردەك ئولتۇرىدۇ، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى قورقۇنچاقلىقىدىن بىرەر قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاپ قالسا، ئۆزلىرىگە بىرەر چوڭ ئاپەت كەلگەندەك ھېس قىلىشىدۇ ياكى ئۆزلىرىگە قارشى ھەرىكەت باشلىنىپ كەتكەندەك چۆچۈپ كېتىدۇ. ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك دېگەندەك، دائىم قورقۇپ، ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ.

⑤ يەنى ئۆزلىرىگە تىلىنىدىغان مەغپىرەتتىن يۈز ئۆرۈپ، باشلىرىنى بۇرىۋالىدۇ.

⑥ يەنى ئۆزلىرىگە دېيىلگەن سۆزلەردىن يۈز ئۆرۈيدۇ ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

⑦ ئۇلار مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە كۇفرىنى داۋام قىلغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق بىر ھالەتكە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ۋە قىلماسلىقمۇ بەربىر پايدىسىز بولۇپ قالدى.

⑧ يەنى ئەگەر ئۇلار شۇ مۇناپىقلىق ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتسە، مەغپىرەت قىلىنمايدۇ. ئەمما، ھايات ۋاقتىدا كۇفرى ۋە نىپاقتىن تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ ھۆكمى باشقىچە بولىدۇ، يەنى مەغپىرەت قىلىنىشى مۇمكىن.

هُمُ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ لَا تُنفِقُواْ عَلَىٰ مَنۡ عِندَ رَسُولِ ٱللَّهِ حَتَّىٰ
يَنفَضُّواْۗ وَلِلَّهِ خَزَآئِنُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَٰكِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ لَا
يَفۡقَهُونَ ۝٧ يَقُولُونَ لَئِن رَّجَعۡنَآ إِلَى ٱلۡمَدِينَةِ لَيُخۡرِجَنَّ ٱلۡأَعَزُّ
مِنۡهَا ٱلۡأَذَلَّۚ وَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِۦ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ

*ئۇلار: «رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە ھېچ نەرسە بەرمەڭلار،*

***ئۇلار تارقىلىپ كەتسۇن» دەيدۇ①. ھالبۇكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر②. لېكىن مۇناپىقلار (بۇنى) چۈشەنمەيدۇ③ [7]. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «بىز مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز (پىرقە يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خارنى (خار پىرقىنى يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۇئمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» (يەنى بىز مۇسۇلمانلارنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىمىز) دېيىشىدۇ④. ۋەھالەنكى، غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر⑤،***

① بىر غازاتتا (سىيرەت مۇتەخەسسىسلىرى ئۇنى مۇرەيسىئ ياكى بەنى مۇستەلەق غازىتى دەپ ئاتايدۇ) بىر مۇھاجىر بىلەن بىر ئەنسارى سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدى. ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىشى ئۈچۈن ئادەملىرىنى ياردەمگە چاقىردى. دەل شۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي (مۇناپىق) ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەنسارلارغا: سىلەر مۇھاجىرلارغا ياردەم قىلىپ، سىلەر ئۇزۇڭلارغا ئۆزۈڭلار قىلدىڭلار، ئۇلارنى يۇرتۇڭلارغا يەرلەشتۈردۈڭلار، مال-مۈلۈكۈڭلارنى ئۇلار بىلەن تەڭ بۆلۈشتۈڭلار، مانا ئەمدى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈڭلار، ئۇلار سىلەر بەرگەننى يەپ، سىلەرگە قارشى چىقىۋاتىدۇ. بۇنىڭ چارىسى شۇكى، ئەمدى ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى توختۇتۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئۇلار باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە: بىز مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز بولغانلار (بىز)، ئەڭ خار بولغانلارنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) ئۇ يەردىن چىقىرىۋېتىدۇ، دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاڭلاپ، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنى چاقىرىپ، ئەھۋالنى سورىغاندا، ئۇ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، قىلغان سۆزىدىن تېنىۋالدى. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشتىن قاتتىق ئوڭايسىزلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ راستچىللىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن «سۈرە مۇنافىقۇن»نى نازىل قىلدى. بۇ سۈرىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ مۇناپىقلىق خاراكتېرى پاش قىلىندى. (سەھىھۇل بۇخارى 4900-ھەدىس)

② دېمەك مۇھاجىرلارغا رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى، رىزىقنىڭ خەزىنىسى ئۇنىڭ ئىلكىدە، ئۇ خالىغان كىشىگە كۆپ رىزىق

بېرىدۇ، خالىغان كىشىگە بەرمەيدۇ.

③ مۇناپىقلار بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار: ئەگەر ئەنسارىلار مۇھاجىرلارغا قىلىۋاتقان ياردىمىنى توختاتسا، مۇھاجىرلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

④ بۇ سۆزنى ئېيتقۇچى مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىدى. ئەڭ ئىززەتلىك ئادەمدىن ئۆزى ۋە ھەمراھلىرىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. ئەڭ خار ئادەمدىن (نەئۇزۇبىللا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنى كۆزدە تۇتقان ئىدى.

⑤ يەنى ئىززەت ۋە غەلىبە پەقەت بىر ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ ئۆزى كىمنى خالىسا، ئۇنىڭغا دەرگاھىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە ئاتا قىلىدۇ. ھەقىقەتتە، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتقانلارغا ئىززەت ئاتا قىلىدۇ ۋە غەلىبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغانلارغا ئىززەت ئاتا قىلمايدۇ. بۇ يەردە مۇناپىقلارنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىلدىكى، ھەقىقىي ئىززەت ئىگىسى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر، ئاللاھ ئەزىز قىلغان كىشىلا ئەزىز ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ئۆزىنى ئەزىز ئاتىۋالغانلار ياكى دۇنيا ئەھلىنىڭ نەزىرىدە ئەزىز دەپ قارالغانلار ئەزىز ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا پەقەت ۋە پەقەت مۇئمىنلەرلا ئەزىز بولىدۇ. كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار ئەمەس.

وَلَٰكِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُلْهِكُمْ
أَمْوَٰلُكُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُكُمْ عَن ذِكْرِ ٱللَّهِ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٩﴾ وَأَنفِقُوا۟ مِن مَّا رَزَقْنَٰكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِىَ
أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَآ أَخَّرْتَنِىٓ إِلَىٰٓ أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ
وَأَكُن مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠﴾ وَلَن يُؤَخِّرَ ٱللَّهُ نَفْسًا إِذَا جَآءَ أَجَلُهَا ۚ
وَٱللَّهُ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿١١﴾

***لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ① [8]. ئى ئىمان***

***ئېيتقانلار! پۇل ـ ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن②، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداقلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر [9]. سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «ئى رەببىم! مېنىڭ ئەجىلىمنى بىرئاز كېچىكتۈرگەن بولساڭ، مەن سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قېلىشتىن بۇرۇن③، سىلەرگە بەرگەنلىرىمىزدىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىڭلار④ [10]. ئاللاھ ھېچكىمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [11].***

① شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلمايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن ساقلانمايدۇ.

② يەنى پۇل-ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشۈڭلار چەكتىن ئېشىپ كېتىپ، ئاللاھ سىلەرگە بۇيرۇغان پەرز-ئەھكاملاردىن غەپلەتتە قالماڭلار، ئۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، ئاللاھ بەلگىلىگەن ھالال ۋە ھارام چەكلىمىلىرىدىن ئۆتۈپ كەتمەڭلار. بۇ ئايەت مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلىپ ئارقىدىنلا بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت شۇكى، مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرى ئىنساننى زىيانكارلىققا تاشلايدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمەللىرى دەل ئەكسىچە بولىدۇ، ئۇلار ھەر ۋاقىت ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ يەنى ئۇنىڭ پەرز-ئەھكاملىرىنى ئادا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ ياشايدۇ.

③ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، زاكاتنى ئادا قىلىشتا ۋە ئاللاھنىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشتا ھەرگىز تەخىر قىلماسلىق كېرەك. شۇنىڭدەك ھەج قىلىشقا قۇدرىتى يەتكەن ئادەممۇ ھەجنى قەتئىي تەخىر قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۆلۈمنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئىنسان ئۆلۈپ كەتسە، بۇ پەرزلەر زىممىسىدە قالىدۇ، سەكراتتا چۈشكەندە ئۇنى ئادا قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلىقنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ.

④ ﴿اَنْفِقُوْا﴾ «سەدىقە قىلىڭلار، پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار» دېگەندە زاكاتنى ئادا قىلىش ۋە باشقا خەيرلىك ئىشلارغا پۇل-مال سەرپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

# سۈرە تەغابۇن

| (٦٤) سورة التغابن مدنية ١٨ آية | (64) سۈرە تەغابۇن مەدىنىدە چۈشكەن 18 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ لَهُ ٱلْمُلْكُ وَلَهُ ٱلْحَمْدُ وَهُوَ
عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ١ هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُمْ فَمِنكُمْ كَافِرٌ وَمِنكُم
مُّؤْمِنٌ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ٢ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ

***ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ①، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر②، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [1]. ئاللاھ سىلەرنى (يوقتىن) ياراتقان زاتتۇر. (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئاراڭلاردا كاپىر بولغۇچى بار ۋە مۇئمىن بولغۇچى بار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر③ [2]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن (ھەق) ياراتتى④،***

① يەنى ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەربىر مەخلۇق ئاللاھ تائالانى ھەرقانداق ئەيىب-نۇقساندىن پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇلۇغلۇقىنى بايان قىلىدۇ، ھەربىر مەخلۇق ئۆزىگە خاس تىل ۋە ئۇسلۇبى بىلەن

ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ.

② يەنى بۇ ئىككى خىسلەتمۇ ئاللاھقىلا خاستۇر. ئەگەر بىر مەخلۇقتا مەلۇم بىر ئىقتىدار بولسا، ئۇمۇ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ۋاقىتلىق ئىقتىدار ۋە سالاھىيەتتۇر. كىمدە مەدھىيەلەشكە لايىق گۈزەللىك ۋە كامالەت بولسا، ئۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئەسلىي مەدھىيەگە لايىق زات پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر.

③ يەنى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، توغرا بىلەن خاتا ۋە كۇفرى بىلەن ئىماننىڭ يوللىرىنى ئوچۇق بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىرادە، ئىختىيار ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بەردى. شۇ تاللاش ئەركىنلىكىگە ئاساسەن بەزىلەر كۇفرىنى تاللىدى، بەزىلەر ئىماننى تاللىدى. ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى بىر يولنى تاللاشقا مەجبۇرلىمىدى. ئەگەر مەجبۇرلىغان بولسا، ھېچكىم كۇفرى ۋە گۇناھ يولنى تاللاشقا ھەرگىز قادىر بولالمىغان بولاتتى. شۇنداقلا يەنە ئىنساننى سىناشمۇ مۇمكىن بولمايتتى. ۋەھالەنكى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىنساننى سىناش ئىدى. ﴿ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر﴾. (سۈرە مۇلك 2-ئايەت) بۇنىڭغا ئاساسەن كاپىرنى ياراتقۇچىمۇ ئاللاھتۇر، كۇفرىنى ياراتقۇچى ھەم ئاللاھتۇر. لېكىن، بۇ كۇفرى شۇ كاپىرنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىختىيار قىلغان ۋە ئىش-ھەرىكىتى بىلەن ھاسىل قىلغان نەرسىدۇر. شۇنىڭدەك ئىمان ۋە مۇئمىننى ياراتقۇچىمۇ ئاللاھتۇر. لېكىن، ئىمان شۇ مۇئمىننىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىختىيار قىلغان ۋە ئىش-ھەرىكىتى بىلەن ھاسىل قىلغان نەرسىدۇر. ھەر ئىككىسى ئۆزى ئىختىيار قىلغان ئىمان ياكى كۇفرى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرى بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ ياكى جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

④ يەنى ئاللاھ ئۇلارنى ھەق، ئادالەت ۋە ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ياخشىغا ئۆز ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە يامانغا ئۆز يامانلىقىنىڭ جازاسىنى بېرىش ئەنە شۇ ئادالەت ۋە ھېكمەتنىڭ جۇملىسىدىندۇر. بۇ ئادالەت قىيامەت كۈنى مۇكەممەل شەكىلدە بەرپا قىلىنىدۇ.

وَصَوَّرَكُمْ فَأَحْسَنَ صُوَرَكُمْۖ وَإِلَيْهِ ٱلْمَصِيرُ ۝٣ يَعْلَمُ مَا فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَيَعْلَمُ مَا تُسِرُّونَ وَمَا تُعْلِنُونَۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ
بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ۝٤ أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَبَؤُا۟ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن قَبْلُ
فَذَاقُوا۟ وَبَالَ أَمْرِهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ۝٥ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُۥ كَانَت
تَّأْتِيهِمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَقَالُوٓا۟ أَبَشَرٌ يَهْدُونَنَا فَكَفَرُوا۟

*سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدى، شەكىللىرىڭلارنى چىرايلىق قىلدى①، (ئاخىر) قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر② [3]. ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ (نىيەتلىرىڭلاردىن، ئەمەللىرىڭلاردىن) يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنىمۇ بىلگۈچىدۇر③ [4]. سىلەرگە ئىلگىرىكىلەردىن كاپىر بولۇپ، قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تېتىغانلارنىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟④ ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب بار⑤ [5]. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى⑥، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار: «بىزگە (ئۆزىمىزگە ئوخشاش) بىر ئىنسان يول كۆرسىتەمدىكەن؟»⑦ دەپ، (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى⑧،*

① سىلەرنىڭ شەكىللىرىڭلارنى، قەددى-قامەتلىرىڭلارنى ۋە چىرايىڭلارنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتى. بۇنداق گۈزەل شەكىل ئاللاھنىڭ باشقا مەخلۇقلىرىغا نېسىپ بولمىغان. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟ ئۇ سېنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى. سېنى ئۇ ئۆزى خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇردى﴾. (سۈرە ئىنفىتار، 6-ئايەتتىن 8-ئايەتكىچە). يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى (تۇرىدىغان) قارارگاھ، ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن، سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ، تۇرقۇڭلارنى چىرايلىق قىلغان ۋە سىلەرنى (تۈرلۈك) پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇرغان زاتتۇر﴾. (سۈرە غافىر 64-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

② ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى ۋە جازالىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قېچىپ كېتىدىغان باشقا بىر جاي يوقتۇر.

③ ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى ھەتتا دىلىڭلاردىكى سىرلارنىمۇ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى ۋەدە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن.

④ بۇ يەردىكى خىتاب مەككە ئەھلىگە خاس ۋە پۈتۈن ئەرەب كاپىرلىرىغا ئومۇمىيدۇر. ئىلگىرىكىلەردىن كاپىر بولغانلار – نۇھ قەۋمى، ئاد قەۋمى، سەمۇد قەۋمى ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە رەزىل گۇناھلارنى سادىر قىلغانلىقى سەۋەبلىك دۇنيادا خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار قىلىنىپ، ھالاك قىلىنغان ئىدى.

⑤ يەنى ئۇلار دۇنيادا دۇچار بولغان ئازابتىن باشقا يەنە ئاخىرەتتىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

⑥ ﴿ذَٰلِكَ﴾ (ئەنە شۇ ئازاب) يەنى بۇ كۆرسىتىش ئالماش ئۇلار دۇنيادا دۇچار بولغان ۋە ئاخىرەتتىمۇ دۇچار بولىدىغان ئازابنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ بۇ يەردە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشىدىكى سەۋەب بايان قىلىندى. ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان كۇفرىنى شۇنىڭ ئۈچۈن تاللىدىكى، ئۇلار بىر ئىنساننى ئۆزلىرىگە يول كۆرسەتكۈچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىدى. يەنى بىر ئىنساننىڭ پەيغەمبەر بولۇپ، كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن كېلىشى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بۇگۈنمۇ بىر قىسىم بىدئەتچىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسان دەپ ئېتىراپ قىلىش ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەت قىلسۇن.

⑧ دېمەك ئۇلار شۇنى باھانە قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلمىدى ۋە ئۇلارغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتتى.

وَتَوَلَّواْۚ وَّٱسۡتَغۡنَى ٱللَّهُۚ وَٱللَّهُ غَنِيٌّ حَمِيدٞ ٦ زَعَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن
لَّن يُبۡعَثُواْۚ قُلۡ بَلَىٰ وَرَبِّي لَتُبۡعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلۡتُمۡۚ وَذَٰلِكَ

عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿٧﴾

***(ئىماندىن) يۈز ئۆرۈۋىدى①، ئاللاھمۇ ئۇلارنىڭ ئىبادىتىگە ھاجىتى يوقلۇقىنى كۆرسەتتى (ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدى)②، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر③، مەدھىيىگە لايىقتۇر④ [6]. كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ ئويلىدى⑤. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا): «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر⑥، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن چوقۇم خەۋەر بېرىلىدۇ⑦، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر»⑧ دېگىن [7].***

① يەنى ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرلەردىن يۈز ئۆرىدى ۋە ئۇلار قىلغان دەۋەت ھەققىدە تەپەككۇر قىلمىدى.

② يەنى ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە ئىبادىتىدىن بىھاجەتلىكىنى كۆرسەتتى.

③ ئۇنىڭغا بەندىلەرنىڭ قىلغان ئىبادىتىدىن ھېچ پايدا يەتمەيدىغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئىبادەتنى ئىنكار قىلىشىدىن ئۇنىڭغا قانداقمۇ نۇقسان يەتسۇن؟

④ ﴿حَمِيدٌ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى «مَحْمُودٌ" بارلىق مەخلۇقاتتىن «مەدھىيىلەنگۈچى» دېمەكتۇر. يەنى ھەربىر مەخلۇق ئۆزىگە خاس تىل ۋە ئىپادە بىلەن ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە ئوقۇپ تۇرىدۇ.

⑤ يەنى كاپىرلار: ئۆلگەندىن كېيىن قىيامەتتە تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ ئويلىدى. بۇ پەقەت كاپىرلارنىڭ قۇرۇق خىيالىدۇر. بۇ ھەقتە ئۇلاردا ھېچقانداق دەلىل يوق. ﴿زَعَمَ﴾ گۇمان قىلدى، دەۋا قىلدى، قارىسىغا سۆزلىدى، دېگەن مەنىدە بولۇپ، يالغان سۆزلىدى دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

⑥ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۈچ ئايەتتە ئۆز ئەلچىسىگە: ﴿رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر﴾ دەپ ئېلان قىلغىن، دەپ ئەمر قىلدى. بۇ مەزكۇر ئۈچ ئايەتنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلىرى سۇرە يۇنۇس 53-ئايەت ۋە سۇرە سەبەئ 3-ئايەتتە بايان قىلىندى.

⑦ بۇ بولسا قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىدىكى ھېكمەت ۋە سەۋەبتۇر. ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلارنى نېمە ئۈچۈن تىرىلدۈرىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىلدۈرىدۇكى، ئۇ يەردە ھەربىر ئىنسانغا قىلغان ئەمەلىگە يارىشا تولۇق مۇكاپات بېرىدۇ. چۈنكى، بىز دۇنيادا ئومۇمەن مۇكاپات ۋە جازانىڭ مۇكەممەل شەكىلدە بېرىلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. دۇنيادا نە ياخشىلارغا تولۇق مۇكاپات بېرىلمەيدۇ، نە يامانلارغا تولۇق جازا بېرىلمەيدۇ. ئەمدى قىيامەت كۈنىمۇ تولۇق مۇكاپات ياكى جازا بېرىلمىسە، بۇ دۇنيا بىھۇدە بىكارغىلا يارىتىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاللاھ تائالانىڭ زاتى بۇنداق ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاكتۇر. دۇنيا بىھۇدە يارىتىلغان ئەمەس، ئىنسانلار ۋە جىنلارمۇ بىكارغىلا مەقسەتسىز يارىتىلغان ئەمەس. ئاللاھ تائالا بىھۇدە يارىتىشتىن تولىمۇ ئۈستۈندۇر.

⑧ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ئىنسانلارغا ناھايىتى مۈشكۈل ۋە مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى ئاساندۇر.

فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلنُّورِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلۡنَاۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ
خَبِيرٞ ﴿٨﴾ يَوۡمَ يَجۡمَعُكُمۡ لِيَوۡمِ ٱلۡجَمۡعِۖ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلتَّغَابُنِۗ وَمَن
يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ وَيَعۡمَلۡ صَٰلِحٗا يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ
تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ
ٱلۡعَظِيمُ ﴿٩﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ
ٱلنَّارِ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٠﴾ مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ
إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ

*(ئىش شۇنداق بولسا) سىلەر ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە① ۋە بىز نازىل قىلغان نۇر (قۇرئان)غا ئىمان ئېيتىڭلار②. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [8]. ئاللاھ ھەممىنى توپلايدىغان قىيامەت كۈنى سىلەرنىمۇ توپلايدۇ③، ئۇ (كاپىرلار) زىيان تارتىدىغان كۈندۇر (يەنى ئۇ كۈندە ئىماننى تەرك ئەتكەنلىكى بىلەن كاپىرنىڭ زىيان تارتقانلىقى، ياخشى ئەمەللەرنى دىگەندەك*

*قىلالمىغانلىقى بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ زىيان تارتقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ)④. كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنى (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر [9]. (ئاللاھنى) ئىنكار قىلغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەر دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! [10] (كىشىگە) يەتكەن ھەرقانداق كۆلپەت پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى (يەنى تەقدىرى) بىلەنلا يېتىدۇ⑤،*

① ﴿فَاٰمِنُوْا﴾دىكى " ف " جۈملىدە بىر شەرتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى ئەگەر ئىش شۇنداق بولسا ياكى ئىش شۇنداق ئىكەن، ئۇنداقتا ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭ كالامىنى ھەق دەپ بىلىڭلار.

② يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان نۇر قۇرئان كەرىمدۇر، ئۇنىڭ بىلەن گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلىقى يوقىلىدۇ، ئىماننىڭ نۇرى ئەتراپقا تارىلىدۇ.

③ قىيامەت كۈنى ﴿يَوْمِ الْجَمْعِ﴾ «توپلايدىغان، جەم بولىدىغان كۈن» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ كۈندە ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقى بارلىق ئىنسانلار بىر مەيدانغا جەم بولىدۇ. پەرىشتە چاقىرسا، ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. ھەربىر ئادەم ئالدىدىكى نەرسىلەرنى كۆزى يەتكەن يەرگىچە كۆرەلەيدۇ. چۈنكى، ئارىلىقتا توسالغۇ بولىدىغان ھېچنەرسە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر﴾. (سۈرە ھۇد 103-ئايەت) يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ﴾. (سۈرە ۋاقىئە 59-، 60-ئايەتلەر)

④ يەنى بىر پىرقە غەلىبە قىلىدۇ، بىر پىرقە مەغلۇپ بولۇپ، زىيان تارتىدۇ. ھەقىقەت ئەھلى باتىل ئەھلى ئۈستىدىن، مۇئمىنلەر كاپىرلار ئۈستىدىن، ئىتائەت قىلغۇچىلار گۇناھكارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئەڭ كاتتا غەلىبە مۇئمىنلەرگە نېسىپ بولىدۇ، ئۇلار جەننەتكە داخىل

بولىدۇ. ئۇلار جەننەتتە قەسىرلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇ قەسىرلەرگە دوزىخىلار ئۆزلىرىنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەرنى قىلمىغان بولسا، ئىگە بولاتتى. ئەڭ چوڭ زىيان تارتقانلار دوزىخىلار بولىدۇ، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ. دوزىخىلار ياخشىنى يامانغا، ئوبدانىنى ناچارغا، نېمەتنى ئازابقا تېگىشكەنلەردۇر. ﴿التَّغَابُنِ﴾ ئەسلىدە " غَبَنَ »دىن تۇرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، زىيان تارتتى، نۇقسان يەتتى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. يەنى ئۇ زىيان تارتىدىغان كۈن دېمەكتۇر. ئۇ كۈندە كاپىرلارغۇ ئۆزلىرىنىڭ زىيان تارتقانلىقىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن مۇئمىنلەرمۇ ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ، ئۆزلىرىنىڭ زىيان تارتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

⑤ يەنى ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى كاپىرلارنىڭ: ئەگەر مۇسۇلمانلار ھەق ئۈستىدە بولغان بولسا، ئۇلارغا دۇنيانىڭ كۈلپەتلىرى يەتمىگەن بولاتتى، دېگەن سۆزىدۇر. (فەتھۇلقەدىر)

يَهۡدِ قَلۡبَهُۥۚ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿١١﴾ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ
ٱلرَّسُولَۚ فَإِن تَوَلَّيۡتُمۡ فَإِنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١٢﴾ ٱللَّهُ لَآ
إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿١٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ
إِنَّ مِنۡ أَزۡوَٰجِكُمۡ وَأَوۡلَٰدِكُمۡ عَدُوّٗا لَّكُمۡ فَٱحۡذَرُوهُمۡۚ وَإِن تَعۡفُواْ
وَتَصۡفَحُواْ وَتَغۡفِرُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٤﴾

*كىمكى ئاللاھقا (يەنى ھەر قانداق كۈلپەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشەنسىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ①، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [11]. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر (پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار (پەيغەمبەرگە قىلچە زىيان يوق، ئۆزۈڭلارغا زىيان)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى*

***پەقەتلا دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر② [12]. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تايانسۇن③ [13]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار ئىچىدە سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار④. شۇڭا ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار⑤. ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ياپساڭلار، كەچۈرسەڭلار (ئاللاھمۇ سىلەرنىمۇ كەچۈرىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر⑥ [14].***

① يەنى كىمكى ئۆزىگە يەتكەن ھەر قانداق بىر كۈلپەتنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكمى بىلەن يەتتى دەپ چۈشەنسە، ئاندىن ئۇنىڭغا سەۋر قىلىپ، قازايى-قەدەرگە رازى بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دىلىنى توغرىلىققا باشلايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەم ئىشەنچكە يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە يەتكەن كۈلپەتنىڭ ئورۇنسىز يېتىپ قالمىغانلىقىنى، شۇنداقلا قىلىپ سالغان خاتالىقى تۈپەيلىدىنلا ئۆزىگە كۈلپەت يېتىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭدىن ھېچ زىيان تارتىپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. ئىمام زوھرى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ ۋەزىپىسى پەيغەمبەر ئەۋەتىشتۇر. پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتۇر. ئىنسانلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا بويسۇنۇشتۇر. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا تايىنىڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىلتىجا ۋە دۇئا قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ۋە مۈشكۈللەرنى ئاسان قىلغۇچى يوقتۇر.

④ يەنى ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەل ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشىڭلارغا توسقۇنلۇق قىلسا، بىلىڭلاركى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن غەمگۇزار ئەمەس، بەلكى دۈشمەندۇر.

⑤ يەنى ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار، بەلكى ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا ئەگەشتۈرۈڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىنى تاللىسۇن. سىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىغا كىرىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ

كەلگۈسىنى نابۇت قىلماڭلار.

⑥ بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق ھەدىس كەلگەن. مەككىدە مۇسۇلمان بولغان بىر قىسىم ئەرلەر مەككىنى تاشلاپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا مۇسۇلمانلارغا مەككىدىن ھىجرەت قىلىش ھەققىدە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بۇيرۇق چۈشكەن ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىلىرى توسالغۇ بولۇپ، ئۇلارنى ھىجرەت قىلغىلى قويمىدى. كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلىپ كېلىپ، ئىلگىرى ھىجرەت قىلغانلارنىڭ دىندا ئالىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىگە توسالغۇ بولغان ئاياللىرىنى ۋە بالىلىرىنى جازالىماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشقا ۋە كەچۈرۈم قىلىشقا تەرغىب قىلدى. (سۈنەنى تىرمىزى 3317 ـ ھەدىس)

إِنَّمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَأَوۡلَٰدُكُمۡ فِتۡنَةٞۚ وَٱللَّهُ عِندَهُۥٓ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿١٥﴾
فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُمۡ وَٱسۡمَعُواْ وَأَطِيعُواْ وَأَنفِقُواْ خَيۡرٗا
لِّأَنفُسِكُمۡۗ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفۡسِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿١٦﴾
إِن تُقۡرِضُواْ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنٗا يُضَٰعِفۡهُ لَكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ
شَكُورٌ حَلِيمٌ ﴿١٧﴾ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٨﴾

*سىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار (سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر①، (بۇ سىناقتىن ئۆتكەنلەرگە) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار② [15]. سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ئۇنىڭ ئۆگۈتلىرىنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار③، (ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزۈڭلار (نىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى) ئۈچۈن پايدىلىقتۇر④، كىمكى ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەر مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر [16]. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرسەڭلار (يەنى پۇل ـ مېلىڭلارنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلساڭلار)⑤، ئاللاھ سىلەرگە ئۇنى*

***(يەنى ساۋابىنى) ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ، (گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ⑥، ئاللاھ ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر)⑦ [17]. ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [18].***

① سىلەرنى ھارامدىن پۇل تېپىشقا قىزىقتۇرىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن توسىدىغان بىر سىناقتۇر. سىلەر پەقەت ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىساڭلارلا، ئاندىن بۇ سىناقتىن ئۆتەلەيسىلەر. دېمەك، پۇل-مال ۋە بالىلار بىر نۇقتىدىن قارىغاندا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى؛ يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا ئىنساننى سىنايدىغان بىر ۋاسىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇلار ئارقىلىق، ئاللاھ تائالا كىمنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان ۋە كىمنىڭ ناپەرمانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئايرىيدۇ.

② يەنى شۇنداق كىشىلەر ئۇچۇن كاتتا مۇكاپات باركى، ئۇلار پۇل-ماللىرى ۋە بالىلىرىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى ئۈستۈن كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنى دەپ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

③ يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى، ئەمەل قىلىنمىسا، ئاڭلاپ قويۇشنىڭ ھېچ پايدىسى يوقتۇر.

④ ﴿خَيۡرًا﴾ يەنى خەيرلىك ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، سەرپ قىلغان نەرسەڭلار سىلەر ئۈچۈن خەيرلىك بولىدۇ. بۇ بۇيرۇق ئومۇمىي خەيرىيەت ئىشلىرىنى، پەرز زاكات ۋە نەپلە سەدىقىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑤ يەنى خالىس نىيەت ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلساڭلار.

⑥ يەنى ساۋابىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ بېرىش بىلەن بىرگە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنىمۇ ئەپۇ قىلىدۇ.

⑦ ئاللاھ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارغا ھەسسىلەپ ساۋاب ئاتا قىلىدۇ. گۇناھ قىلغانلارنى دەرھال جازالىمايدۇ.

# سۈرە تەلاق

| (٦٥) سورة الطلاق مدنية ١٢ آية | (65) سۈرە تەلاق مەدىنىدە چۈشكەن 12 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِذَا طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَطَلِّقُوهُنَّ لِعِدَّتِهِنَّ وَأَحۡصُواْ ٱلۡعِدَّةَۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ رَبَّكُمۡۖ لَا تُخۡرِجُوهُنَّ مِنۢ بُيُوتِهِنَّ وَلَا يَخۡرُجۡنَ

ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلماقچى بولساڭلار① ، ئۇلارنى ئىددەت تۇتۇشقا قولايلىق پەيتتە (يەنى ھەيزدىن پاك بولغان كۈنلەرنىڭ بېشىدا، بىر تۆشەكتە بولماستىن) تالاق قىلىڭلار② . (نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئىددەت ۋاقتىنى ئوبدان ھېسابلاڭلار③ ، رەببىڭلار بولغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئۇلارنى (ئىددىتى توشمىغۇچە) ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار④ ، ئۇلارمۇ چىقىپ كەتمىسۇن⑤ ،

① بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ئى پەيغەمبەر!» دەپ خىتاب قىلىنغانلىقى ئۇنىڭ شەرەپ ۋە مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە بۇ يەردىكى بۇيرۇق ئۇنىڭ ئۈممىتىگە قارىتىلغان ياكى بۇ خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بولۇپ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن پېئىلنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىشلىتىلگەن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈممىتىگە يېتەرلىك ئۈلگە ۋە نەمۇنىدۇر. ﴿طَلَّقۡتُمُ﴾نىڭ

مەنىسى: تالاق قىلىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن بولساڭلار، دېمەكتۇر.

② بۇ ئايەتتە تالاق قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە مۇناسىپ ۋاقتى بايان قىلىندى. ﴿لِعِدَّتِهِنَّ﴾دىكى لام ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن يەنى ئىددىتىنىڭ بېشىدا يەنى پاكلىق ھالىتى باشلانغاندا تالاق قىلىڭلار. يەنى ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن بىر تۆشەكتە بولماستىن تالاق قىلىڭلار. پاكلىق ھالەت ئىددەتنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئاياللارنى ھەيزلىك ھالىتىدە ياكى پاكلىق ھالىتىدە بىر تۆشەكتە بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىش خاتادۇر. بۇنداق تالاقنى فەقىھ ئۆلىمالار بىدئەت تالاق دەپ؛ ئالدىنقى توغرا ئۇسۇلدا قىلىنغان تالاقنى سۈننەتكە ئۇيغۇن تالاق دەپ ئاتايدۇ. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايالىنى ھەيزلىك ھالىتىدە تالاق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئۇ ئايالى بىلەن يېنىشسۇن، ئاندىن ئايالى ھەيزدىن پاكلانغان، ئاندىن قايتا ھەيز كۆرۈپ پاكلانغانغا قەدەر ئۇنى ئەمرىدە ساقلىسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئايالى پاك ھالەتتە ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تالاق قىلسۇن، ئەنە شۇ غالىب ۋە بۈيۈك ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پاكلىق ھالەتتىكى تالاق قىلىشتۇر» دېدى. بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. (سەھىھۇل بۇخارى 5251-ھەدىس) ھەيز ھالىتىدە قىلىنغان تالاق بىدئەت تالاق دەپ ئاتالسىمۇ، يەنىلا تالاق قىلغان ھېساب بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار ۋە مۇھەددىسلەر بۇ پىكىرنى قوللايدۇ. ئەمما ئىمام ئىبنى قەييىم ۋە ئىمام ئىبنى تەيمىيە بىدئەت تالاق تالاق ھېسابلانمايدۇ، دەپ قارايدۇ. (تەپسىلاتى ئۈچۈن نەيلۇلئەۋتار ۋە باشقا ھەدىسلەر شەرھىسىگە قارالسۇن)

③ يەنى ئايالنىڭ ئىككىنچى بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشى ئۈچۈن ئىددەتنىڭ باشلىنىدىغان ۋە تۈگەيدىغان ۋاقتىنى ساناپ تۇرۇڭلار ياكى (بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تالاق بولغان ئەھۋالدا) ئەگەر سىلەر يېنىشىۋالماقچى بولساڭلار، ئىددەت ئىچىدە يېنىشىۋېلىش ئۈچۈن ئىددەتنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلاپ تۇرۇڭلار.

④ يەنى تالاق قىلىنغان ئايالنى ئۆيىدىن ھەرگىز چىقىرىۋەتمەڭلار. بەلكى، ئىددىتى توشقىچە ئاشۇ ئۆيدە تۇرغىلى قويۇڭلار. ئىددەت

جەريانىدا ئايالنى تۇرالغۇ، يېمەك-ئىچمەك ۋە نەپىقە بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر.

⑤ ئايال ئىددەت جەريانىدا، جىددىي زۆرۈرىيەت بولمىسا، ئۆيدىن سىرتقا چىقماي تۇرۇشى كېرەك.

إِلَّآ أَن يَأۡتِينَ بِفَٰحِشَةٖ مُّبَيِّنَةٖۚ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِۚ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ ٱللَّهِ فَقَدۡ ظَلَمَ نَفۡسَهُۥۚ لَا تَدۡرِي لَعَلَّ ٱللَّهَ يُحۡدِثُ بَعۡدَ ذَٰلِكَ أَمۡرٗا ١

*ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ①، مانا بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چىقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ②. (ئى تالاق قىلغۇچى!) بىلمەيسەنكى، بەلكىم ئاللاھ شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى تالاقتىن كېيىن) بىرەر ئىشنى (يەنى تالاق قىلغانلىقىڭغا پۇشايمان قىلىپ، ئايالىڭنى قايتۇرۇۋېلىشىڭنى) مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن③ [1].*

① يەنى زىنا قىلسا ياكى ئاغزىنىڭ يامانلىقى ۋە ئەخلاقسىزلىقى بىلەن ئېرىنىڭ تۇغقانلىرىغا ئازار بەرسە، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئايالنى ئۆيدىن چىقىرىش جايىز بولىدۇ.

② يەنى مەزكۇر ھۆكۈملەر ئاللاھ تائالانىڭ چەكلىمىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىش ئۆز ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق زىيانلىرىنى چەكلىمىدىن ھالقىپ كەتكۈچى ئۆزى تارتىدۇ.

③ يەنى ئەرنىڭ كۆڭلىدە ئايالى بىلەن يېنىشىۋېلىش ئىستىكى پەيدا قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېنىشىۋېلىشى مۇمكىن. چۈنكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق تالاقتىن كېيىن ئېرىنىڭ ئايالى بىلەن ئىددەت ئىچىدە يېنىۋېلىش ھەققى بار. شۇ ۋەجىدىن بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىر قېتىمدا پەقەت

بىر تالاق قىلىشقا تەرغىب قىلغان ۋە بىر ۋاقىتتىلا ئۈچ تالاق قىلىۋېتىشتىن چەكلىگەن. چۈنكى، ئەگەر بىر ۋاقىتتا ئۈچ تالاق قىلىۋەتسە، (شەرىئەت ئۇنى جايىز دەپ قاراپ، ئىجرا قىلىۋەتسە) ئۇ چاغدا ﴿ئاللاھ تائالا تالاقتىن كېيىن بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن﴾ دېگەنىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. (فەتھۇلقەدىر) ئىمام ئەھمەد قاتارلىق بىر قىسىم ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مەزكۇر تەكىتلەنگەن ئۆي ۋە نەپىقە پەقەت ئەرلىرى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم تالاق قىلغان ئاياللارغا بېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى تالاق يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدا ئەرنىڭ ئايالى بىلەن يېنىۋېلىش ھەققى ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر بىر ئايال ئايرىم ۋاقىتلاردا ئىككى قېتىم تالاق قىلىنىپ بولغان بولسا، ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلىنسا، بۇ يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئايالنى نەپىقە ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان ئايال دەرھال ئەرنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەرگە يۆتكىلىشى لازىم. سەۋەبى ئەر ئەمدى بۇ ئايال بىلەن يېنىشىۋالالمايدۇ ۋە بىر ئۆيدە تۇرسىمۇ بولمايدۇ. تاكى ئۇ ئايال باشقا بىر ئەر بىلەن نىكاھلىنىپ، ئاجراشمىغۇچە قايتا يارىشىۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئەمدى بۇ ئايالنىڭ ئۇ ئەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن نەپىقە ئېلىش ھەققى بولمايدۇ. بۇ ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرىدىغان ئەمەلىي مىسال پاتىمە بىنتى قەيس فەھرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ۋەقەسىدۇر. بۇ ئايالنى ئېرى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئەرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنداق ئەھۋالدا سىزگە نەپىقە بېرىش ئېرىڭىزگە ۋاجىب ئەمەس» دەيدۇ. ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىزنى ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئېرىڭىزگە ۋاجىپ ئەمەس» دەيدۇ. ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ، «ئى قەيسنىڭ قىزى! ئەر ئايالنى يېنىشالايدىغان تالاق قىلغان بولسا، ئۇ ئايالغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالنى يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلغان بولسا، ئايالنى نەپىقە ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. سىز ئېرىڭىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ پالانى ئايالنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلىشىڭ» دەيدۇ. يەنە بەزى

ھەدىسلەردە ھامىلىدار ئايالنى نەپىقە ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەشنىڭ زۆرۈرلىكى بايان قىلىنغان. (تەپسىلاتى نەيلۇلئەۋتار دېگەن كىتابتا) بەزىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ ﴿ئۇلارنىڭ ئىددىتى تۇشىمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار﴾ دېگەن ھۆكۈمنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مەزكۇر ھەدىسلەردىكى رىۋايەتلەرنى رەت قىلىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، قۇرئاندىكى بۇ ھۆكۈم ئايەتنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىبارىلەرگە ئاساسەن يېنىشقىلى بولىدىغان تالاقنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئومۇمىي ھۆكۈم دەپ ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھەدىسلەر ئۇ ھۆكۈمنى خاسلاشتۇرىدۇ يەنى قۇرئاندىكى ئومۇمىي ھۆكۈمنى مەزكۇر ھەدىستىكى رىۋايەتلەر يېنىشقىلى بولىدىغان تالاققا خاس قىلىدۇ ۋە يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاقنى ئومۇمىيلىقتىن چىقىرىۋېتىدۇ.

فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ فَارِقُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ
وَأَشْهِدُواْ ذَوَيْ عَدْلٍ مِّنكُمْ وَأَقِيمُواْ ٱلشَّهَٰدَةَ لِلَّهِۚ ذَٰلِكُمْ يُوعَظُ
بِهِۦ مَن كَانَ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجْعَل لَّهُۥ
مَخْرَجًا ﴿٢﴾ وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُۚ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ
فَهُوَ حَسْبُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَٰلِغُ أَمْرِهِۦۚ قَدْ جَعَلَ ٱللَّهُ لِكُلِّ شَيْءٍ قَدْرًا ﴿٣﴾

***ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دېگەندە، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ قېلىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتىڭلار①، (ياراشقان ياكى ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئادالەتلىك ئىككى ئادەمنى گۇۋاھ قىلىڭلار②. (ئى گۇۋاھ بولغۇچىلار!) گۇۋاھلىقنى (خالىس) ئاللاھ ئۈچۈن ئادا قىلىڭلار③، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن) نەسىھەت قىلىنىدۇ. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ④ [2]. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا (يەنى تايانسا)، ئاللاھ ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر⑤، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسە ئۈچۈن***

*(مۇئەييەن) ئۆلچەم بەلگىلىدى⑥ [3].*

① بىر تۆشەكتە بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى ئۈچ ھەيز ئۆتكەنگە قەدەر بولىدۇ. ئەگەر يېنىشىۋالماقچى بولساڭلار، ئىددەت توشۇشتىن ئىلگىرى يېنىشىۋېلىڭلار. ئەگەر يېنىشىۋالمايدىغان بولساڭلار، چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتىڭلار.

② بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يېنىشقان چاغدا، بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئاجراشقان چاغدا، ئىككى گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى بۇيرۇقنىڭ ھۆكمى ۋاجىب دەرىجىدىكى بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى مۇستەھەپ دەرىجىدىكى بۇيرۇقتۇر. دېمەك، ئىككى گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىش ئەۋزەل، ئەمما زۆرۈر ئەمەس.

③ بۇ يەردىكى تەكىتلەش گۇۋاھچىلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماستىن، ئاچكۆزلۈك ۋە تاماخورلۇق قىلماستىن توغرا گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەك.

④ يەنى ئېغىر كۈلپەت ۋە سىناقلاردىن چىقىش يولى پەيدا قىلىپ بېرىدۇ.

⑤ يەنى ئاللاھ خالىغان ئىشتا مەقسىتىگە يەتمەي قالمايدۇ، ھېچكىم ئۇنى توسالمايدۇ.

⑥ قىيىنچىلىق ئۈچۈنمۇ، ئاسانلىق ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن چەك بەلگىلىدى. بۇ ئىككىسى ئۆز نۆۋىتىدە چەكتىن ئېشىپ كېتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى «ئۆلچەم» دېگەندىن ھەيز، ئىددەت ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن چەك، مىقدار، ۋاقىت ۋە مۇددەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

وَٱلَّٰٓـِٔي يَئِسۡنَ مِنَ ٱلۡمَحِيضِ مِن نِّسَآئِكُمۡ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ فَعِدَّتُهُنَّ
ثَلَٰثَةُ أَشۡهُرٖ وَٱلَّٰٓـِٔي لَمۡ يَحِضۡنَۚ وَأُوْلَٰتُ ٱلۡأَحۡمَالِ أَجَلُهُنَّ أَن يَضَعۡنَ
حَمۡلَهُنَّۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مِنۡ أَمۡرِهِۦ يُسۡرٗا ٤ ذَٰلِكَ أَمۡرُ

ٱللَّهِ أَنزَلَهُۥٓ إِلَيۡكُمۡۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُعۡظِمۡ
لَهُۥٓ أَجۡرًا ٥ أَسۡكِنُوهُنَّ مِنۡ حَيۡثُ سَكَنتُم مِّن وُجۡدِكُمۡ وَلَا
تُضَآرُّوهُنَّ لِتُضَيِّقُواْ عَلَيۡهِنَّۚ

*ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيز كۆرۈشتىن ئۈزۈلۈپ قالغانلار (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى) توغرۇلۇق شەك قىلىپ قالساڭلار① ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) تېخى ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتىمۇ (ئۈچ ئايدۇر). ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى ئاجرىشىپ كەتكەن بولسۇن ياكى ئاجرىشىپلا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) يەڭگىش بىلەنلا تۈگەيدۇ② . كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ [4]. (ئى ئىنسانلار!) ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە نازىل قىلغان ئەمرىدۇر. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ [5]. ئۇلارنى (يەنى تالاق قىلغان ئاياللىرىڭلارنى ئىددەت تۈگىگۈچە) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈڭلار تۇرۇۋاتقان ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمىدا تۇرغۇزۇڭلار③ . ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش (ئارقىلىق كېتىشكە مەجبۇرلاش) ئۈچۈن، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەڭلار (يەنى ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تۇرالغۇ جەھەتتىن، نەپىقە جەھەتتىن قىسماڭلار)④ ،*

① بۇ ئايەتتە ياشىنىپ قالغانلىقتىن ھەيز كۆرۈشتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى ياكى تېخى ھەيز كۆرمىگەن ئاياللارنىڭ ئىددىتىنىڭ ئۈچ ئاي ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدى. بۇ نادىر بىر ئەھۋال بولۇپ، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم قىزلاردا بالاغەت يېشىغا يېتىپ بولسىمۇ، ھەيز كەلمەيدۇ.

② تالاق قىلىنغان ئايال ئەگەر ھامىلىدار بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغۇش بىلەن تۈگەيدۇ، ھەتتا تالاق قىلىنىپ، ئەتىسىلا

تۇغسىمۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدىن مەلۇم بولىدىكى، ھەر قانداق ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى مەيلى ئۇ تالاق قىلىنغان بولسۇن ياكى ئاجرىشىپلا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، بالىنى تۇغۇش بىلەنلا تۈگەيدۇ. بۇ نۇقتا سەھىھۇل بۇخارى 5318 ـ ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1485 ـ ھەدىستە بايان قىلىنغان. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن باشقا ئاياللارنىڭ ئىددىتى تۆۋەندىكى ئايەتتىكى ھۆكۈم بويىچە بولىدۇ: ﴿ئاراڭلاردىن ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتىدۇ﴾. (سۈرە بەقەرە 234 ـ ئايەت)

③ يەنى يېنىشىۋالغىلى بولىدىغان تالاق قىلىنغان يەنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىم تالاق قىلىنغان ئايالغا تۇرالغۇ جاي بېرىڭلار. چۈنكى، يېنىشىۋالغىلى بولمايدىغان تالاق يەنى ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلىنغان ئايالغا تۇرالغۇ ۋە نەپىقە بېرىش زۆرۈر ئەمەس. ﴿قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە﴾ دېگەننىڭ مەنىسى: ئۆي چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر قانچە ياتاق بولسا، ئايالغا ئايرىم بىر ياتاق بېرىش كېرەك، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئەر ئۆزىنىڭ ياتىقىنى ئايالغا بوشىتىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، ئايال ئېرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ ئىددەت تۇتسا، ئەرنىڭ دىلى يۇمشاپ، ئۇنىڭدا يېنىشىش ئىستىكى پەيدا بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. خۇسۇسەن، ئەگەر ئارىدا پەرزەنت بولسا، يېنىشىش خاھىشى ۋە ئېھتىمالى يۇقىرى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلار بۇ بۇيرۇقلا ئەمەل قىلمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قىلىۋاتىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە تالاق قىلىنغان ئايال دەرھال ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ ياكى ئايالنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئوچۇق كۆرسەتمىسىگە خىلاپتۇر.

④ يەنى تالاق قىلىنغان ئايالنى تۇرالغۇ ۋە نەپىقە جەھەتتىن قىسىپ، تەڭلىكتە قالدۇرۇپ، چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىپ قويماڭلار. ئىددەت تۇتۇش جەريانىدا يۈز ـ خاتىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنداق قىلماڭلار. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: بۇ ئايەتتە جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئەر ئايالنى تالاق قىلىپ، ئاندىن ئىددىتى توشۇشقا ئىككى كۈن قالغاندا يېنىۋېلىپ، ئاندىن يەنە تالاق قىلىپ، يەنە يېنىۋېلىپ ئايالغا ئازار بېرىشتەك قىلمىش چەكلىنىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەرىئەت تالاقتىن كېيىن يېنىۋېلىشقا مۇئەييەن

چەك قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئادەم پەقەت ئىككى قېتىم شۇنداق قىلالايدۇ، يەنى تالاقتىن كېيىن ئىددەت توشۇشتىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم يېنىۋالالايدۇ. ئەمما، ئەگەر ئەر ئايالىنى ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىۋېلىش ھەققى قالمايدۇ.

وَإِن كُنَّ أُوْلَٰتِ حَمۡلٖ فَأَنفِقُواْ عَلَيۡهِنَّ حَتَّىٰ يَضَعۡنَ حَمۡلَهُنَّۚ فَإِنۡ أَرۡضَعۡنَ لَكُمۡ فَـَٔاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ وَأۡتَمِرُواْ بَيۡنَكُم بِمَعۡرُوفٖۖ وَإِن تَعَاسَرۡتُمۡ فَسَتُرۡضِعُ لَهُۥٓ أُخۡرَىٰ ٦ لِيُنفِقۡ ذُو سَعَةٖ مِّن سَعَتِهِۦۖ وَمَن قُدِرَ عَلَيۡهِ رِزۡقُهُۥ فَلۡيُنفِقۡ مِمَّآ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُۚ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا مَآ ءَاتَىٰهَاۚ

*ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، يەڭگىگەنگە قەدەر ئۇلارنى نەپىقە بىلەن تەمىنلەڭلار①، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار②، (بۇ خۇسۇستا) توغرا يوسۇندا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار③، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئاتا ئۈچۈن (بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتىپ بېرىدۇ④ [6]. رىزقى كەڭ ئادەم (يەنى ماددىي ئىمكانىيىتى ياخشى ئادەم بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان ۋە ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالىنى) كەڭ رىزقىغا قارىتا (شۇ ئىمكانىيىتىگە يارىشا) نەپىقە بىلەن تەمىنلىسۇن⑤، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە يارىشا نەپىقە بىلەن تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەتلىرىنى بەرسۇن)⑥. ئاللاھ ھېچكىمنى ئۆزى ئۇنىڭغا بەرگىنىدىن باشقىسىغا تەكلىپ قىلمايدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى بايىنى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)⑦،*

① يەنى ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلىنغان ئايال بولسىمۇ، ئەگەر ھامىلدار بولسا، يەڭگىگەنگە قەدەر ئۇنى تۇرالغۇ ۋە نەپىقە بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە ۋاجىبتۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك.

② يەنى تالاق قىلىنغان ئايال بالىلىرىڭلارنى ئېمىتىپ بەرسە، ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىش سىلەرنىڭ زىممەڭلاردا بولىدۇ.

③ يەنى ئۆز-ئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئېمىتىش ئۇچۇن بېرىدىغان ھەق ۋە باشقا ئىشلار ھەققىدە كېلىشىش لازىم. مەسىلەن: بالىنىڭ دادىسى ئادەتتە ئىنىك ئانىلارغا بېرىلىدىغان ھەق مىقدارىدا بالىنىڭ ئانىسىغا ھەق بېرىشى كېرەك، ئانىمۇ، ئاتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ھەق-تەلەپ قىلىشى كېرەك.

④ يەنى ئەگەر سىلەر ئېمىتىش ھەققى ۋە باشقا ئىشلاردا ئۆزئارا كېلىشەلمىسەڭلار، بالىنى ئانىسىدىن باشقا بىر ئايال ئېمىتىپ بەرسۇن.

⑤ يەنى بالىسىنى ئېمىتىپ بەرگەن ئاياللارنىڭ ھەققىنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە بەرسۇن، ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كۆپ بايلىق ئاتا قىلغان بولسا، ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا ئېمىتكۈچىگە ھەق بېرىشى لازىم.

⑥ يەنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىز بولسا، ئەھۋالىغا يارىشا تەمىنلىسۇن.

⑦ چۈنكى ئاللاھ تائالا پېقىر-مىسكىنلەرنى ئېمىتكۈچى ئايالغا كۆپ ھەق بېرىشكە بۇيرۇمايدۇ. دېمەك، بۇ بۇيرۇقنىڭ مەقسىتى شۇكى، بالىنىڭ ئانىسى ۋە دادىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا مۇناسىپ يولنى تاللىسۇن. بىر-بىرىگە ئېغىر كېلىدىغان شەرت ۋە تەلەپلەرنى قويمىسۇن. شۇنداقلا بوۋاقنى ئېمىتىش ھەر ئىككى تەرەپكە ئېغىر كەلمىسۇن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم﴾. (سۈرە بەقەرە 233-ئايەت)

سَيَجۡعَلُ ٱللَّهُ بَعۡدَ عُسۡرٖ يُسۡرٗا ۝٧ وَكَأَيِّن مِّن قَرۡيَةٍ عَتَتۡ عَنۡ
أَمۡرِ رَبِّهَا وَرُسُلِهِۦ فَحَاسَبۡنَٰهَا حِسَابٗا شَدِيدٗا وَعَذَّبۡنَٰهَا عَذَابٗا
نُّكۡرٗا ۝٨ فَذَاقَتۡ وَبَالَ أَمۡرِهَا وَكَانَ عَٰقِبَةُ أَمۡرِهَا خُسۡرًا ۝٩ أَعَدَّ
ٱللَّهُ لَهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗاۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ
قَدۡ أَنزَلَ ٱللَّهُ إِلَيۡكُمۡ ذِكۡرٗا ۝١٠ رَّسُولٗا يَتۡلُواْ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ

مُبَيِّنَـٰتٍ لِّيُخۡـرِجَ ٱلَّذِيـنَ ءَامَنُـواْ وَعَمِلُـواْ ٱلصَّٰلِحَـٰتِ مِـنَ ٱلظُّلُمَـٰتِ
إِلَى ٱلنُّـورِۚ وَمَـن يُؤۡمِـنۢ بِـٱللَّهِ وَيَعۡمَـلۡ صَٰلِحٗـا يُدۡخِلۡـهُ جَنَّـٰتٖ تَجۡـرِي
مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ قَدۡ أَحۡسَنَ ٱللَّهُ لَهُۥ رِزۡقًا ١١

***ئاللاھ ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئۇزاققا قالماي ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)① [7]. كۆپلىگەن شەھەرلەر (نىڭ ئاھالىلىرى) رەببىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىدىن باش تارتتى②. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالدۇق ۋە ئۇلارنى شىددەتلىك ئازاب بىلەن جازالىدۇق③ [8]. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالىنى (يەنى جازاسىنى) تېتىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىشتىن ئىبارەت بولدى [9]. ئاللاھ ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) يەنە قاتتىق ئازاب تەييارلىدى، ئى ئىمان ئېيتقان ئەقىل ئىگىلىرى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە زىكرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى [10]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى قاراڭغۇلۇقلاردىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن④، سىلەرگە ئاللاھنىڭ روشەن ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى⑤، كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن⑥، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئېسىل رىزىق (يەنى جەننەتنىكى رىزىق ۋە نېمەتلەرنى) بېرىدۇ [11].***

① كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاسانلىق ھەم ئازادىلىك ئاتا قىلىدۇ.

② ﴿عَتَتْ﴾ يەنى " تَمَرَّدَتْ وَ طَغَتْ وَ اسْتَكْبَرَتْ عَنْ اتِّبَاعِ أَمْرِ اللهِ وَمُتَابِعَةِ رُسُلِهِ " ھەددىدىن ئاشتى، يولدىن چىقتى، چوڭچىلىق قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىشتىن باش تارتتى.

③ ﴿نُكْرًا﴾ " مُنْكَرًا فَظِيْعًا» يەنى ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان شىددەتلىك ئازاب. بۇ يەردىكى ھېساب ۋە ئازاب ھەر ئىككىسىدىن دۇنيادىكى ئازاب ۋە جازا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ سۆزى بويىچە بۇ ئىباردە

ئىلگىرى كېيىنلىك مەۋجۇت. «شىددەتلىك ئازاب» ئۇلارغا دۇنيادا يەتكەن قەھەتچىلىك، سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ كېتىش، شەكلى مايمۇنغا ئۆزگىرىپ كېتىش، يەر يۇتۇش قاتارلىق ئازابلارنى كۆرسىتىدۇ. «قاتتىق ھېساب» بولسا، ئاخىرەتتە بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ بۇ يەردە پەيغەمبەرنىڭ ئورنى ۋە مەسئۇلىيىتى بايان قىلىندى. ئۇ بولسىمۇ، پەيغەمبەر قۇرئان ئارقىلىق كىشىلەرنى ئەخلاقسىزلىقتىن، شېرىك ۋە گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن چىقىرىپ، ئىماننىڭ ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ نۇرىغا يېتەكلەيدۇ.

⑤ بۇ يەردىكى ﴿رَسُولًا﴾ «ئەلچى، پەيغەمبەر» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ﴿رَسُولًا﴾ دېگەن سۆز ﴿ذِكْرًا﴾ «زىكىر، نەسىھەت، نەسىھەتچى»نى ئىزاھلاپ كەلگەن يەنى مۇبالىغە يۈزىسىدىن ﴿رَسُولًا﴾ دېگەن سۆز ﴿ذِكْرًا﴾ بىلەن ئىزاھلانغان. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ﴿ذِكْرًا﴾ دېگەندىن قۇرئان كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ چاغدا ﴿رَسُولًا﴾نىڭ ئالدىدا " أَرْسَلَ " «ئەۋەتتى» دېگەن پېئىل جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولىدۇ. يەنى زىكرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى ۋە پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى، دېگەن بولىدۇ.

⑥ ياخشى ئەمەل قىلىش دېگەن پەرز-ئەھكاملارنى ئادا قىلىش بىلەن گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك جەننەتكە ئاغزىدىلا ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئىزھار قىلغانلار ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە پەرز ئەمەللەرنى قىلغان ۋە گۇناھلاردىن ساقلانغانلار داخىل بولىدۇ.

ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ وَمِنَ ٱلْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ ٱلْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِتَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَىْءٍ عِلْمًۢا ﴿١٢﴾

***ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ۋە زېمىندىنمۇ ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى ياراتقان زاتتۇر① . ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ② ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر***

*ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىڭلار ئۈچۈندۇر③ [12].*

① يەنى ئاللاھ تائالا يەتتە ئاسمان ياراتقانغا ئوخشاش يەنە يەتتە زېمىن ياراتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنى يەتتە قىتئە ياراتتى دەپ ئىزاھلىغان، بۇ توغرا ئەمەس. توغرىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا بىرىنىڭ ئۈستىدە يەنە بىرىنى قىلىپ، يەتتە قات ئاسمان ياراتقاندەك، يەتتە قات زېمىن ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەلۇم ئارىلىق ۋە مۇساپە بار. ھەربىر قاتتا ئاللاھ تائالا ياراتقان مەخلۇقلار ياشايدۇ. (تەپسىر قۇرتۇبى ۋە تەبەرى) ھەدىسلەرمۇ بۇ نۇقتىنى كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى زېمىندىن بىر غېرىچ يەرنى ناھەق ئىگەللىۋالسا، قىيامەتتە ئۇنىڭ بويىنىغا ئىگەللىۋالغان يەردىن يەتتىنچى قات زېمىنغىچە تاقاق سېلىنىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 1610-ھەدىس) ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: «... ئۇنى يەتتە قات زېمىنغىچە يەر يۇتۇپ كېتىدۇ» دەپ كەلگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 2454-ھەدىس) بەزى مۇپەسسىرلەر قوشۇمچە قىلىپ، ھەربىر قات زېمىندا بىزگە كەلگەندەك ئوخشاش پەيغەمبەرلەر كەلگەن. مەسىلەن: ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئادەم، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش نۇھ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىبراھىم، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىيسا كەلگەن، دەيدۇ. لېكىن بۇ ئۇقۇم ھېچقانداق بىر سەھىھ ھەدىستە كەلگەن ئەمەس.

② يەنى ھەربىر ئاسماندا ئاللاھنىڭ ئەمرى جارى بولۇپ تۇرغاندەك، ھەربىر زېمىندىمۇ ئۇنىڭ ھۆكمى ئىجرا بولۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئاسمانلارنى باشقۇرغاندەك، زېمىنلارنىمۇ ئۆز تەدبىرى بىلەن باشقۇرۇپ تۇرىدۇ.

③ يەنى ھەر قانداق نەرسە قەيەردە ۋە قايسى شەكىلدە بولسۇن، ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن سىرتتا قالمايدۇ.

# سۈرە تەھرىم

| (66) سۈرە تەھرىم مەدىنىدە چۈشكەن 12 ئايەت | (٦٦) سورة التحريم مدنية ١٢ آية |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ لِمَ تُحَرِّمُ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكَۖ تَبۡتَغِي مَرۡضَاتَ أَزۡوَٰجِكَۚ
وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ١

***ئى پەيغەمبەر! سەن نېمە ئۈچۈن ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىسەن؟① ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [1].***

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ھارام قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نارازىلىقىنى ئىزھار قىلغان نەرسە نېمە ئىدى؟ بۇ ھەقتە سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىم قاتارلىق ھەدىس كىتابلاردا بايان قىلىنغان مەشھۇر بىر ۋەقە بار. ئىمام بۇخارى ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيردىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كۈنلىرى ئاياللىرىدىن جەھشىنىڭ قىزى زەينەپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر ئاز ئولتۇراتتى ۋە ھەسەل ئىچەتتى. مەن ھەفسە بىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئۇنىڭغا مەن سەندىن مۇغفۇر (بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ پۇرىقى قاڭسىق كېلىدۇ)

يۇرتقىنى سېزىپتۇ؟ دەپ سوراشقا كىرىشىپتۇ. 
(مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زەينەپنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن ئولتۇرغۇزماسلىق ئىدى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىمىزدىن بىرىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ ئۇنىڭغا ھېلىقى گەپنى قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، بەلكى مەن جەھشىنىڭ قىزى زەينەپنىڭ ئۆيىدە ھەسەل ئىچتىم. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ھەسەل ئىچمەيمەن» دېدى ۋە بۇ سۆزنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4912-ھەدىس) سۈنەن نەسەئىيدە بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ھارام قىلغان نەرسە بىر دېدەك ئىدى. (شەيخ ئەلبانى بۇ ھەدىسنى سەھىھ دەپ قارىغان). (سۈنەنى نەسائى، 3-كىتاب، 83-ھەدىس) باشقا ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنى زەئىپ ھەدىس دەپ قارىغان. بۇنىڭ تەپسىلاتى باشقا كىتابلاردا مۇنداق بايان قىلىنغان: ئۇ دېدەك مارىيە قىبتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى. ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم تۇغۇلغان ئىدى. بىر كۈنى مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كىردى، ئۆيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار بولۇپ، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يوق ئىدى، دەل شۇ چاغدا بۇ ئۆيگە تۇيۇقسىز ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىرىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مارىيەنىڭ ئۆز ئۆيىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئۇڭايسىزلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بۇنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۆزىگە ھارام قىلدى ۋە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بۇ سۆزنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تەكىتلەپ تاپىلىدى. ئىمام ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: بىرىنچىدىن: بۇ ھەدىس ھەر خىل رىۋايەت قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ھەر خىل شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بىر-بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن: ھەر ئىككى خىل ۋەقە بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇشى ۋە بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. (فەتھۇلبارى) ئىمام شەۋكانىمۇ ھەر ئىككى ۋەقەنى بايان قىلىپ، ھەر ئىككىسى توغرا دەپ ھۆكۈم قىلغان. بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدىكى، ھېچكىمنىڭ ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىش ھەققى يوق، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىمۇ بۇنداق ئىمتىياز يوقتۇر.

قَدۡ فَرَضَ ٱللَّهُ لَكُمۡ تَحِلَّةَ أَيۡمَٰنِكُمۡۚ وَٱللَّهُ مَوۡلَىٰكُمۡۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيمُ
ٱلۡحَكِيمُ ﴿٢﴾ وَإِذۡ أَسَرَّ ٱلنَّبِيُّ إِلَىٰ بَعۡضِ أَزۡوَٰجِهِۦ حَدِيثٗا فَلَمَّا نَبَّأَتۡ
بِهِۦ وَأَظۡهَرَهُ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ عَرَّفَ بَعۡضَهُۥ وَأَعۡرَضَ عَنۢ بَعۡضٖۖ فَلَمَّا
نَبَّأَهَا بِهِۦ قَالَتۡ مَنۡ أَنۢبَأَكَ هَٰذَاۖ قَالَ نَبَّأَنِيَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡخَبِيرُ ﴿٣﴾

***ئاللاھ سىلەرگە (ياخشى ئىشتىن توسىدىغان) قەسەمڭلاردىن (كاپارەت بېرىپ) چىقىپ كېتىشنى بەلگىلىدى①. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [2]. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى (بىر سىرنى) ئېيتقان ئىدى②. ئۇ (يەنى ھەفسە) بۇ سىرنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان③، ئاللاھ ئۇنى (يەنى سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەنلىكىنى پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئۇ ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى (ھەفسەنىڭ) يۈزىگە سالدى، بەزىسىنى يۈزىگە سالمىدى④. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە): «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى⑤. پەيغەمبەر: «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى» دېدى⑥ [3].***

① يەنى كاپارەت بەرگەندىن كېيىن قىلماسلىققا قەسەم قىلغان ئىشنى قىلىشقا رۇخسەت بېرىلدى. قەسەمنىڭ كاپارىتى سۈرە مائىدە 89-ئايەتتە بايان قىلىندى. شۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ كاپارەت بەردى. (فەتھۇلقەدىر) ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە بىر ئادەم ئايالىدىن باشقا ھەر قانداق نەرسىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان بولسا، ئۇ نەرسە نە ھارام بولۇپ قالمايدۇ، نە ئۇنىڭغا كاپارەت كەلمەيدۇ. ئەگەر ئايالىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ مەقسىتى ئايالىنى تالاق قىلىش بولسا، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر تالاقنى نىيەت قىلمىغان بولسا، ئۆلىمالار ئەڭ ئەۋزەل دەپ قارىغان ھۆكۈمگە

ئاساسەن بۇ قەسەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قەسەمنىڭ كاپارىتىنى بېرىپ، سۆزىدىن يېنىۋالسا، بولىدۇ. ئايالى تالاق بولمايدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر)

② ئۇ سىر بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەلنى ياكى مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۆزىگە ھارام قىلغانلىقى ئىدى. بۇ سىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغىلا ئېيتقان ئىدى.

③ يەنى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ سىرنى ئاپىرىپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دەپ قويغان ئىدى.

④ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: سەن مېنىڭ سىرىمنى پاش قىلىپ قويۇپسەن دېدى. ئەمما ئەدەب ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھەممە گەپنى يۈزىگە سالمىدى.

⑤ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: سەن مېنىڭ سىرىمنى پاش قىلىپ قويۇپسەن دېگەن چاغدا، ئۇ ھەيران قالدى. چۈنكى، ئۇ بۇ سىرنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا ھېچكىمگە دېمىگەن ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ قويۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئىدى. چۈنكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ بۇ ئىشتا ئۆزى بىلەن شېرىك ئىدى.

⑥ بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندىن باشقىمۇ ۋەھيي نازىل بولاتتى.

إِن تَتُوبَآ إِلَى ٱللَّهِ فَقَدۡ صَغَتۡ قُلُوبُكُمَاۖ وَإِن تَظَٰهَرَا عَلَيۡهِ فَإِنَّ
ٱللَّهَ هُوَ مَوۡلَىٰهُ وَجِبۡرِيلُ وَصَٰلِحُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ بَعۡدَ ذَٰلِكَ
ظَهِيرٌ ٤ عَسَىٰ رَبُّهُۥٓ إِن طَلَّقَكُنَّ أَن يُبۡدِلَهُۥٓ أَزۡوَٰجًا خَيۡرًا
مِّنكُنَّ مُسۡلِمَٰتٖ مُّؤۡمِنَٰتٖ قَٰنِتَٰتٖ تَٰٓئِبَٰتٍ عَٰبِدَٰتٖ سَٰٓئِحَٰتٖ
ثَيِّبَٰتٖ وَأَبۡكَارٗا ٥ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ

وَأَهۡلِيكُمۡ نَارٗا وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُ عَلَيۡهَا مَلَٰٓئِكَةٌ غِلَاظٞ
شِدَادٞ لَّا يَعۡصُونَ ٱللَّهَ مَآ أَمَرَهُمۡ وَيَفۡعَلُونَ مَا يُؤۡمَرُونَ ۝٦

*ئەگەر (ئائىشە بىلەن ھەفسە) ئىككىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار (بۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر)① . چۈنكى، سىلەرنىڭ دىلىڭلار (پەيغەمبەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا) بۇرۇلۇپ كەتتى② ، ئەگەر سىلەر بىرلىشىپ (پەيغەمبەر ياقتۇرمايدىغان ئىش ئۈستىدە) ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار، شەكسىزكى، ئۇنىڭ مەدەتكارى ئاللاھتۇر، جىبرىلمۇ، مۆئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىدۇر، ئۇلاردىن باشقا، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر③ [4]. ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، رەببى (سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا) سىلەردىن ياخشى④ ، (ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە) بويسۇنغۇچى، ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىشى مۇمكىن⑤ [5]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە ئەھلى - ئەۋلادىڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار⑥ . ئۇنىڭ بېشىدا رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر بولىدۇ، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ [6].*

① ياكى تەۋبەڭلار قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئىبارە ﴿ئەگەر ئىككىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار﴾ دېگەن شەرتنىڭ جاۋابى بولۇپ، جۈملىدىن قالدۇرۇلغان.

② يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ئۇنىڭغا راۋا كۆرۈش بىلەن سىلەرنىڭ دىلىڭلار ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتتى. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر قانچە تاقابىل تۇرساڭلارمۇ، ئۇنىڭغا ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. چۈنكى، ئۇنىڭ مەدەتكارى ئاللاھتۇر. يەنە مۆئمىنلەر ۋە پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر.

④ بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا شۇنداق تەنبىھ بېرىلىۋاتىدۇكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاياللارنى ئاتا قىلالايدۇ.

⑤ ﴿ثَيِّبَٰتٖ﴾ " ثَيِّبٌ " «چوكان»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قايتىپ كەلگۈچى دېگەن مەنىدە. چوكاننىڭ " ثَيِّبٌ " دەپ ئاتىلىشتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئىلگىرىكىدەك ئەرسىز ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ﴿أَبۡكَارٗا﴾ " بِكۡرٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، تويى قىلىنمىغان قىزلار دېگەن مەنىدە. ئۇنى " بِكۡرٌ " ئاتاشتىكى سەۋەب ئۇنىڭ تېخى دەسلەپكى يارىتىلغان قىزلىق ھالىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. (فەتھۇلقەدىر)

⑥ بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرگە ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر مەسئۇلىيەت ئەسكەرتىپ قويۇلدى. ئۇ بولسىمۇ، مۇئمىن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرگە ئائىلە ئەزالىرىنىمۇ ئىسلاھ قىلىش، ئۇلارنى دوزاخقا ئوتۇن بولۇشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىسلامىي تەلىم-تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشتۇر. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «باللارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە، (ناماز ئوقۇشقا ھورۇنلۇق قىلسا) ئۇلارنى ئەدەپلەڭلار». (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 494-ھەدىس، سۇنەنى تىرمىزى 407-ھەدىس) فىقھشۇناس ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: باللارغا روزا تۇتۇشنى ئۆگىتىش ۋە يەنە باشقا ئىبادەتلەرنى قىلىشقا كۆندۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بالاغەتكە يەتكىچە دىنىي ھېس-تۇيغۇ قەلبىگە ئورناپ بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَعۡتَذِرُواْ ٱلۡيَوۡمَۖ إِنَّمَا تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ۝٧ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ تُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ تَوۡبَةٗ نَّصُوحًا
عَسَىٰ رَبُّكُمۡ أَن يُكَفِّرَ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَيُدۡخِلَكُمۡ جَنَّٰتٖ
تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ يَوۡمَ لَا يُخۡزِي ٱللَّهُ ٱلنَّبِيَّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
مَعَهُۥۖ نُورُهُمۡ يَسۡعَىٰ بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَبِأَيۡمَٰنِهِمۡ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَتۡمِمۡ
لَنَا نُورَنَا وَٱغۡفِرۡ لَنَآۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ۝٨ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ

جَٰهِدِ ٱلۡكُفَّارَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَ

*ئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر پەقەت ئۆز قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنىلا تارتىسىلەر [7]. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار①، ئۈمىدكى، رەببىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئاللاھ پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ. (ئۇلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە) ئۇلارنىڭ نۇرى (ئەمەللىرىگە كۆرە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇلار: «ئى رەببىمىز! (سىراتتىن سالامەت ئۆتۈپ جەننەتكە بېرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن) بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن②، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى سەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ [8]. ئى پەيغەمبەر! سەن كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن③،*

① سەمىمىي تەۋبىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە، 1-تەۋبە قىلغان گۇناھتىن قول يىغىش. 2-شۇ گۇناھنى قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىش. 3-ئۇنى قايتا قىلماسلىققا ئىرادە قىلىش. 4-ئەگەر ئۇ گۇناھ بەندىلەرنىڭ ھەققى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، كىمنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىش، كىمگە زۇلۇم قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش. دېمەك ئاغزىدا تەۋبە قىلدىم دەپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ.

② يەنى بىز جەننەتكە كىرىپ بولغىچە نۇرىمىزنى داۋاملاشتۇرغىن. ئۇ نۇرنى بىزگە مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن. مۇئمىنلەر بۇ دۇئانى قىيامەت كۈنى مۇناپىقلارنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ھەدىدتە بايان قىلىندى.

③ كاپىرلارغا قارشى قورال بىلەن، جىنايەت سادىر قىلغان مۇناپىقلارغا ئىسلامنىڭ جازا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش بىلەن جىھاد قىلغىن.

وَٱغۡلُظۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ٩ ضَرَبَ ٱللَّهُ
مَثَلٗا لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱمۡرَأَتَ نُوحٖ وَٱمۡرَأَتَ لُوطٖۖ كَانَتَا تَحۡتَ
عَبۡدَيۡنِ مِنۡ عِبَادِنَا صَٰلِحَيۡنِ فَخَانَتَاهُمَا فَلَمۡ يُغۡنِيَا عَنۡهُمَا مِنَ
ٱللَّهِ شَيۡـٔٗا وَقِيلَ ٱدۡخُلَا ٱلنَّارَ مَعَ ٱلدَّٰخِلِينَ ١٠

***ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن①. ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!② [9]. ئاللاھ كاپىر بولغانلارغا (ئۇلارنىڭ مۇئمىنلەر بىلەن تۇغقانچىلىقىنىڭ پايدا بەرمەسلىكىدە) نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى③. (بۇ ئىككىسى) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندە (نۇھ بىلەن لۇت)نىڭ ئەمرىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى (مۇناپىقلىق قىلىپ) ئەرلىرىگە (ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) خىيانەت قىلدى④. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى (يەنى نۇھ بىلەن لۇت پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق) ئاللاھتىن (كەلگەن ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى ئۇ ئىككىسىدىن توسۇپ قالالمىدى⑤ ۋە (ئۇ ئىككى ئايالغا) «سىلەر (دوزاختىكى) كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە دوزاخقا كىرىڭلار» دېيىلدى⑥ [10].***

① يەنى دەۋەت ۋە تەبلىغ قىلىشتا قاتتىق بولغىن ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتىمۇ قاتتىق تۇرغىن. چۈنكى، ئۇلار بۇرنىغا يېمىگەن كىشىلەر بولۇپ، چىرايلىق سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ. دېمەك، دەۋەتتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىش بەزىدە مۇلايىملىقنى تەقەززا قىلسا، بەزىدە قوپاللىقنى تەقەززا قىلىدۇ. ھەر ۋاقىت مۇلايىم بولۇش مۇناسىپ بولمىغاندەك، ھەر ۋاقىت قوپاللىق قىلىشمۇ پايدىلىق بولمايدۇ. دەۋەت يولىدا شەرت-شارائىت، مۇھىت ۋە شەخسلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، مۇلايىم ياكى قوپال ئۇسلۇب قوللىنىش زۆرۈردۇر.

② يەنى كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ بارار جايى دوزاختۇر.

③ ﴿مَثَل﴾ مىسال-ئېنىق بولمىغان بىر مەسىلىنى ياكى ھادىسىنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. كەلتۈرۈلگەن مىسالدا چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان مەسىلە بىلەن ئوخشاشلىق تېپىلىشى لازىم. دېمەك، نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئاياللىرى بولۇپ تۇرۇپ، كاپىر بولغانلارنىڭ

ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بۇ يەردە بىر مىسال كەلتۈردى.

④ بۇ يەردىكى خىيانەتتىن ئىپپەت-نومۇس خىيانىتى ئەمەس، بەلكى دىندىكى خىيانەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىغا ئاساسەن، ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ ئايالى پاھىشە قىلغان ئەمەس. (فەتھۇلقەدىر) بۇ يەردىكى خىيانەتتىن ئۆزىنىڭ ئەرلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلىقى، مۇناپىقلىق قىلغانلىقى، ئەرلىرىنىڭ سىرلىرىنى ئۆزىنىڭ كاپىر قەۋمىگە يەتكۈزگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى نۇھ ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كىشىلەرگە بۇ بىر «ساراڭ» دەيتتى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ خەۋىرىنى يامان ئىش قىلىدىغان ئادەملەرگە يەتكۈزۈپ قوياتتى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئىككى ئايال قەۋمىنىڭ ئادەملىرىگە ئەرلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ بېرەتتى.

⑤ نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملار ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ئەڭ يېقىن بەندىلىرى تۇرۇپمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى.

⑥ بۇ سۆز ئۇلارغا قىيامەت كۈنى دېيىلىدۇ ياكى ئۇلارغا ئۆلۈشتىن ئىلگىرى شۇنداق دېيىلىدى. كاپىرلارنىڭ مەزكۇر مىسالنى بۇ يەردە ئالاھىدە كەلتۈرۈشتىن مەقسەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتۇر. گەرچە ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغان بىر پەيغەمبەرنىڭ شەرەپلىك ئاياللىرى بولسىمۇ، شۇنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىمكى، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلسا ياكى ئۇنىڭغا ئازار بەرسە، ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئامان قالمايدۇ. ئاندىن ھېچكىم ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ.

وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱمۡرَأَتَ فِرۡعَوۡنَ إِذۡ قَالَتۡ رَبِّ ٱبۡنِ
لِي عِندَكَ بَيۡتًا فِي ٱلۡجَنَّةِ وَنَجِّنِي مِن فِرۡعَوۡنَ وَعَمَلِهِۦ وَنَجِّنِي مِنَ
ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ١١ وَمَرۡيَمَ ٱبۡنَتَ عِمۡرَٰنَ ٱلَّتِيٓ أَحۡصَنَتۡ فَرۡجَهَا

فَنَفَخۡنَا فِيهِ مِن رُّوحِنَا وَصَدَّقَتۡ بِكَلِمَٰتِ رَبِّهَا وَكُتُبِهِۦ وَكَانَتۡ مِنَ ٱلۡقَٰنِتِينَ ﴿١٢﴾

***ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى①. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ: «ئى رەببىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلىپ بەرگىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ (يامان) قىلمىشىدىن قۇتقۇزغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېگەن ئىدى [11] (ئاللاھ يەنە) ئىمراننىڭ ئۆزىنى پاك ساقلىغان قىزى مەريەمنى (مىسال قىلىپ كۆرسەتتى)②. ئۇنىڭغا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بىر روھنى پۈۋلىدۇق (پۈۋلەنگەن روھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىيساغا ھامىلىدار بولدى)، ئۇ رەببىنىڭ سۆزلىرىگە③ ۋە (نازىل قىلغان) كىتابلىرىغا ئىشەندى، ئۇ (رەببىگە) ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن ئىدى④ [12].***

① يەنى ئىمان ئېيتقانلارنى دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىشقا ئۈندەش ئۈچۈن بىر ئۆرنەك كۆرسىتىلدى. كاپىرلارنىڭ كۈچى، شان-شەۋكىتى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانىغا ھېچ زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. خۇددى پىرئەۋننىڭ ئايالىغا ئوخشاش، ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھەممىدىن كۈچلۈك كاپىرنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ، پىرئەۋن ئايالىنى ئىماندىن توسالمىدى.

② ھەزرىتى مەريەمنىڭ مىسالىنى كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت شۇكى، ئۇ چىركىنلەشكەن بۇزۇق بىر قەۋمنىڭ ئىچىدە ياشايتتى. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇ ئۆزىنى پاك ساقلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ھۆرمەت ۋە شەرەپكە نائىل قىلدى، ھەتتا ئۇنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن پەزىلەتتە ئارتۇق قىلدى.

③ ﴿كَلِمَٰتِ رَبِّ﴾ «رەببىنىڭ سۆزلىرى» دېگەندىن ئاللاھنىڭ شەرىئىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئىشەندى.

④ يەنى ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلىدىغان، ئىبادەت قىلىدىغان ئائىلىدىن ياكى شۇنداق كىشىلەر جۈملىسىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتكە كىرىدىغان

ئاياللارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىجە، مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم ۋە مۇزاھىمنىڭ قىزى پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيەلەردۇر» (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). (مۇسنەدى ئەھمەد 1-توم، 293-بەت، مەجمەئ زەۋائىد 9-توم، 357-بەت، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى ئەلبانى، 1508-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەرلەردىن نۇرغۇنلىرى كامالەتكە يەتتى، ئاياللاردىن پەقەت پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىجە قاتارلىقلار كامالەتكە يەتتى. (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) شەكسىزكى، ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللارغا نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقى سەرىد يەنى شورپىغا چىلانغان ناننىڭ باشقا تاماقلاردىن ئارتۇق بولغىنىغا ئوخشاشتۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 5418-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2431-ھەدىس)

# سۈرە مۇلك

| (٦٧) سورة الملك مكية ٣٠ آية | (67) سۈرە مۇلك مەككىدە چۈشكەن 30 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

تَبَـٰرَكَ ٱلَّذِى بِيَـدِهِ ٱلۡمُلۡـكُ وَهُـوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىۡءٍ قَدِيـرٌ ﴿١﴾ ٱلَّذِى خَلَـقَ
ٱلۡمَـوۡتَ وَٱلۡحَيَـوٰةَ لِيَبۡلُوَكُـمۡ أَيُّكُـمۡ أَحۡسَـنُ عَمَـلًاۚ وَهُـوَ ٱلۡعَزِيـزُ
ٱلۡغَفُورُ ﴿٢﴾

***(پۈتـۈن كائىناتنىـڭ) پادىشـاھلىقى ئىلكـىدە بولغـان ئاللاھ بەرىكەتلىكتـۇر (بۈيۈكتـۇر)① . ئـۇ ھـەر نەرسـىگە قادىـردۇر [1]. ئـۇ سـىلەردىن قايسـىڭلارنىڭ ئەمەلـى ئـەڭ ياخشـى ئىكەنلىكىنـى سـىناش ئۈچـۈن، ئۆلۈمنـى ۋە ھاياتلىقنـى ياراتقـان زاتتـۇر② . ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [2]***

★ بـۇ سـۈرىنىڭ پەزىلىتـى توغرىسـىدا بىـر قانچـە ھەدىسـلەر بـار. لېكىـن، ئۇلارنىڭ ئاز قىسـمى سـەھىھ ۋە ھەسـەن دەرىجىدىكى ھەدىسـلەردۇر. ئـۇ ھەدىسـلەرنىڭ بىرىـدە پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «شـەك ـ شۈبھىسـىزكى، قۇرئانـدا 30 ئايەتلـىك بىـر سۈرە بولـۇپ، ئـۇ سـۈرە ئۆزىنـى ئوقۇغـان ئـادەم ئۈچـۈن گۇناھلىـرى مەغپىـرەت قىلىنغانغـا قـەدەر پەرۋەردىگارىدىـن شـاپائەت تىلەيـدۇ. ئـۇ سـۈرە مۇلكتـۇر». (سـۈنەنى ئەبـى

29

داۋۇد 1400-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 2891-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 3786-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 299-، 321-بەت) يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاندا بىر سۈرە بولۇپ، ئۇ سۈرە ئۆزىنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ پايدىسى ئۈچۈن (پەرۋەردىگارى بىلەن) مۇنازىرىلىشىپ، ئاخىرى ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇ سۈرە مۇلكتۇر». (مەجمەئ زەۋائىد 7-توم، 172-بەت، ئالبانى ئۇنى جامى سەھىھ سەغىر 3644-ھەدىستە بايان قىلغان) ئىمام تىرمىزى قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى بابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن سۈرە ئەلىف لام مىم سەجدە بىلەن سۈرە مۇلكنى چوقۇم ئوقۇيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. (تىرمىزى قۇرئان پەزىلەتلىرى بابى) يەنە بىر رىۋايەتتە شەيخ ئالبانى ئۆزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى دېگەن كىتابىدا «سۈرە مۇلك قەبرە ئازابىدىن ساقلايدۇ» دېگەن ھەدىسنى نەقىل قىلىدۇ. (1140-ھەدىس، 3-توم، 131-بەت) يەنى بۇ سۈرىنى ئوقۇپ تۇرغان كىشى، ئەگەر ئىسلام ئەھكاملىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلسىلا، قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

① ﴿تَبٰرَكَ﴾ سۆز " بَرَكَةٌ " دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «النَّمَاءُ وَ الزِّيَادَةُ " ئۆسمەك ۋە كۆپەيمەك دېمەكتۇر. يەنى ئاللاھنىڭ زاتى بەرىكەتلىكتۇر، ئاتا-ئېھسانلىرى ۋە بەرىكىتى كۆپتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى: ئاللاھ تائالا مەخلۇقلارغا خاس سۈپەتلەردىن بۈيۈك، ئۈستۈن، ئۇلۇغدۇر، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ﴿تَبٰرَكَ﴾ دېگەندە پېئىلنىڭ " تَفَاعَلَ " ۋەزنى مۇبالىغە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مەنىسى: «پادىشاھلىق شۇ زاتنىڭلا ئىلكىدىدۇر» يەنى بارلىق قۇدرەت ۋە غەلىبە شۇ زاتنىڭ ئىلكىدىدۇر. كائىناتنى قانداق باشقۇرسا، ھېچكىم ئۇنى توسىيالمايدۇ. ئۇ زات ئەگەر خالىسا، نامراتنى پادىشاھ قىلىپ، پادىشاھنى نامرات قىلىپ قويىدۇ، باينى يوقسۇل، يوقسۇلنى باي قىلىپ قويىدۇ. ھېچكىم ئۇ زاتنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتىگە ئارىلىشالمايدۇ.

② روھ (جان) دېگەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر شەيئى بولۇپ، ئۇنىڭ قايسىبىر جىسىم بىلەن ئالاقىسى ئۇلانسا، ئۇ تىرىك، ھايات دەپ ئاتىلىدۇ. قايسىبىر جىسىمدىن ئالاقىسى ئۈزۈلسە، ئۇ ئۆلۈك بولغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆلۈمدىن ئىلگىرىكى بۇ ۋاقىتلىق ھاياتنى يارىتىشتىكى مەقسىتى، بۇ ھاياتنى كىمنىڭ توغرا ئىشلىتىدىغانلىقىنى

سىناشتىن ئىبارەت. ھاياتنىڭ ئىمان ۋە ئىتائەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرگە كاتتا مۇكاپات بار؛ ئۇنداق قىلمىغانلارغا قاتتىق ئازاب باردۇر.

ٱلَّذِي خَلَقَ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٖ طِبَاقٗاۖ مَّا تَرَىٰ فِي خَلۡقِ ٱلرَّحۡمَٰنِ مِن
تَفَٰوُتٖۖ فَٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ هَلۡ تَرَىٰ مِن فُطُورٖ ٣ ثُمَّ ٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ
كَرَّتَيۡنِ يَنقَلِبۡ إِلَيۡكَ ٱلۡبَصَرُ خَاسِئٗا وَهُوَ حَسِيرٞ ٤ وَلَقَدۡ زَيَّنَّا
ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِمَصَٰبِيحَ وَجَعَلۡنَٰهَا رُجُومٗا لِّلشَّيَٰطِينِۖ وَأَعۡتَدۡنَا
لَهُمۡ عَذَابَ ٱلسَّعِيرِ ٥ وَلِلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمۡ عَذَابُ جَهَنَّمَۖ
وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ٦ إِذَآ أُلۡقُواْ فِيهَا سَمِعُواْ لَهَا شَهِيقٗا وَهِيَ
تَفُورُ ٧ تَكَادُ تَمَيَّزُ مِنَ ٱلۡغَيۡظِۖ كُلَّمَآ أُلۡقِيَ فِيهَا فَوۡجٞ سَأَلَهُمۡ
خَزَنَتُهَآ

***ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. رەھماننىڭ ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ھېچقانداق نۇقسانىنى كۆرمەيسەن①، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يېرىقنى كۆرەمسەنكىن؟② [3]. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم تەكرار قارىغىن. كۆزۈڭ (ئىزدىگەن نۇقسانىنى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ③ [4]. ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراغلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق④ (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان نۇر بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق [5]. رەببىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا دوزاخ ئازابى بار. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [6] ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەكنىڭ ئاۋازىدەك) يېقىمسىز ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ⑤ [7]. دوزاخ (كاپىرلارغا) غەزەپتىن پارچە-پارچە بولۇپ كېتىشكە تاس قالىدۇ.⑥***

① يەنى ئۇنىڭدا ھېچ ماسلاشماسلىق، كەمچىلىك، ئەيىب ۋەياكى بىرەر يوچۇق يوقتۇر. بەلكى، ئۇ تولۇپ تۇرۇپ بولۇپ، ھەممە يېرى ئوخشاشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ كۆپ ئەمەس بەلكى يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

② بەزىدە ئىككىنچى قېتىم قايتا قارىغاندا تۇنجى قېتىمدا كۆرۈنمىگەن ئەيىب-نۇقسانلار كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىرەر كەمچىلىك ياكى يوچۇقنىڭ بار-يوقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، قايتا-قايتا قاراپ بېقىشقا چاقىرىۋاتىدۇ. قايتا-قايتا قاراپ باققىنىڭ، بىرەر يېرىقنى كۆرەمسەنكىن؟

③ بۇ قايتا تەكىتلەشتىن مەقسەت، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى ئېنىقراق بايان قىلىشتۇر.

④ بۇ يەردە يۇلتۇزلارنى يارىتىشتىكى ئىككى مەقسەت بايان قىلىندى، بىرىنچىسى: ئاسماننىڭ زىننىتى بولسۇن ئۈچۈن، چۈنكى يۇلتۇزلار ئاسماندا يېنىپ تۇرغان چىراغلاردەك كۆرۈنىدۇ. ئىككىنچىسى: پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان شەيتانلارنى ئاتىدىغان ئۇچقۇن بولسۇن ئۈچۈن. يەنە بىر ئايەتتە ئۈچىنچى مەقسىتى بايان قىلىندى، ئۇ بولسىمۇ، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا يول بەلگىسى بولسۇن ئۈچۈندۇر.

⑤ ئېشەك ھاڭرىغاندا تۇنجى چىقىرىدىغان ئاۋاز " شَهِيْقٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ناھايىتى سەت ۋە يېقىمسىز ئاۋازدۇر. دوزاخمۇ ئېشەككە ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ، ئوت ئۈستىگە قويۇلغان قازاندەك قايناپ تۇرغان بولىدۇ.

⑥ دوزاخ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن پارچە-پارچە بولۇپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخ كاپىرلارنى كۆرۈپ ناھايىتى قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا دوزاخنىڭ ئىچىدە ئەنە شۇنداق ھېس-تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئىش ئاللاھ ئۈچۈن ھەرگىز قىيىن ئەمەستۇر.

أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ نَذِيرٌ ٨ قَالُواْ بَلَىٰ قَدۡ جَآءَنَا نَذِيرٌ فَكَذَّبۡنَا وَقُلۡنَا
مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ مِن شَيۡءٍ إِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا فِي ضَلَٰلٖ كَبِيرٖ ٩ وَقَالُواْ لَوۡ

كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِيٓ أَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ﴿١٠﴾ فَٱعْتَرَفُواْ
بِذَنۢبِهِمْ فَسُحْقًا لِّأَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ﴿١١﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم
بِٱلْغَيْبِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ ﴿١٢﴾

*دوزاختىكى ھەرقاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاختىكى مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟»① دەپ سورايدۇ [8] ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە بىزگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلغان ھەمدە بىز: ‹ئاللاھ (سىلەرگە) ھېچ نەرسە نازىل قىلغان ئەمەس، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىسىلەر› دېگەن ئىدۇق» دەيدۇ② [9]. ئۇلار: «ئەگەر بىز (ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا) قۇلاق سالغان، ياكى ئەقلىمىزنى ئىشلەتكەن بولساق، دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدا بولماس ئىكەنمىز» دەيدۇ③ [10]. (شۇنىڭ بىلەن) ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىدۇ④، دوزاخ ئەھلى (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن!⑤ [11] خىلۋەتتە رەببىدىن قورققانلارغا ھەقىقەتەن مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات بار⑥ [12]*

① شۇ سەۋەبتىن بۈگۈن دوزاخ ئازابىغا چۈشۈپ قالدىڭلارمۇ؟

② يەنى بىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەي ئۇلارنى يالغانچىغا چىقارغان ئىدۇق. ئاسماندىن چۈشكەن كىتابلارنى تامامەن ئىنكار قىلغان ئىدۇق. ھەتتا بىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە: سىلەر چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنسىلەر، دېگەن ئىدۇق.

③ ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغان بولساق، ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى قۇلاقلىرىمىزدا چىڭ ساقلىغان بولساق، ئاللاھ بەرگەن ئەقىلنى ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولساق، بۈگۈن بىز دوزىخىلەر قاتارىغا كىرىپ قالمىغان بولاتتۇق.

④ ئۇلارنىڭ گۇناھى كاپىر بولۇش ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئازابقا لايىق بولدى.

⑤ يەنى ئەمدى ئۇلار ئاللاھتىن ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ دېيىشىچە ﴿سُحْقٌ﴾ دېگەن دوزاختىكى بىر جىلغىنىڭ نامىدۇر.

⑥ بۇ ئايەتتە كاپىرلار دۇچار بولىدىغان ئازابنىڭ ئەكسىچە، مۇئمىنلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېرىشىدىغان نېمەتلەر بايان قىلىنىۋاتىدۇ. «خىلۋەتتە رەببىدىن قورققانلار» – ئاللاھ تائالانى كۆرمىسىمۇ، پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ياشىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر مەنىسى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنمەيدىغان چاغلاردا، يەنى خىلۋەتتە ئاللاھتىن قورقۇپ ياشىغانلارغا ھەقىقەتەن مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات بار.

وَأَسِرُّواْ قَوْلَكُمْ أَوِ ٱجْهَرُواْ بِهِۦٓ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١٣﴾ أَلَا
يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلْخَبِيرُ ﴿١٤﴾ هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ
ٱلْأَرْضَ ذَلُولًا فَٱمْشُواْ فِى مَنَاكِبِهَا وَكُلُواْ مِن رِّزْقِهِۦ وَإِلَيْهِ
ٱلنُّشُورُ ﴿١٥﴾ ءَأَمِنتُم مَّن فِى ٱلسَّمَآءِ أَن يَخْسِفَ بِكُمُ ٱلْأَرْضَ فَإِذَا
هِىَ تَمُورُ ﴿١٦﴾

*سىلەر سۆزۈڭلارنى مەيلى مەخپىي قىلىڭلار، مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار① (بەرىبىر، ئاللاھ ھامان ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنىمۇ بىلگۈچىدۇر② [13]. ياراتقان زات (ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىنى) بىلمەمدۇ؟③ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر④ [14]. ئۇ زېمىننى سىلەرگە بويسۇنىدىغان (يۇمشاق) قىلىپ بەرگەن زاتتۇر⑤، زېمىننىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدە مېڭىڭلار⑥. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار⑦، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر [15]. (ئى كاپىرلار!) ئاسماندىكى زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ (قورقمامسىلەر)⑧ [16]*

① بۇ كاپىرلارغا قارىتىلغان خىتاب بولۇپ، مەنىسى: سىلەر رەسۇلۇللاھ توغرىسىدا گەپ-سۆزلىرىڭلارنى ئاشكارا قىلىڭلار ياكى مەخپىي قىلىڭلار، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھتىن ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

② بۇ ئىبارە ئاللاھنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا سۆزلەرنىڭ ھەممىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ كەلگەن. يەنى ئاللاھ سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكى سىرلىرىڭلارنى ۋە كۆڭۈللىرىڭلارغا كەچكەن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرغان يەردە، سىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىڭلار قانداقمۇ ئۇنىڭدىن مەخپىي قالسۇن؟

③ دىللارنى، كۆڭۈللەرنى ۋە ئۇلاردا پەيدا بولىدىغان خىياللارنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ تۇرسا، ئۇ ئۆزى ياراتقان نەرسىلەردىن خەۋەرسىز قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

④ ﴿لَطِيفُ﴾نىڭ مەنىسى نازۇك شەيئىلەرنى بىلگۈچى دېمەكتۇر. يەنى ئاللاھ دىللاردىكى ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە ئوي-خىياللارنىمۇ بىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑤ ﴿ذَلُولًا﴾ بويسۇنغۇچى دېگەن مەنىدە، يەنى زېمىننى سىلەرگە بويسۇنۇپ تۇرىدىغان، قارشى تۇرمايدىغان قىلىپ بەردۇق. يەنى بىز زېمىننى سىلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن يۇمشاق، سەپەر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاسان قىلىپ بەردۇق. زېمىننىڭ ئۈستىدە ياشاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قىيىن بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بەك قاتتىق قىلىپ قويمىدۇق.

⑥ ﴿مَنَاكِبِ﴾ " مَنْكَبُ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، يەر يۈزىدىكى يوللار، ھەرقايسى تەرەپلەر ۋە جايلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى بۇيرۇقنىڭ دەرىجىسى مۇباھتۇر، يەنى قىلىش ۋە قىلماسلىق ئىختىيارىيدۇر. يەنى زېمىننىڭ ھەرقايسى يوللىرىدا يۈرسەڭلار بولىدۇ.

⑦ يەنى ئاللاھنىڭ زېمىندىكى نېمەتلىرىدىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار.

⑧ ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدە يەنى ئەرشتە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق رەۋىشتە جىلۋە قىلغان زاتتۇر. بۇ يەردە كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىۋاتىدۇكى، ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدىكى زات قاچان خالىسا، سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزىۋېتەلەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ سىلەر

ئۈستىدە ياشاۋاتقان، رىزىق ۋە ھاياتنىڭ مەنبەسى بولغان بۇ تىنچ زېمىننى تۈيۈقسىز تەۋرىتىپ، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىشتىن قورقمامسىلەر؟ يەنى سىلەر بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟

أَمْ أَمِنتُم مَّن فِى ٱلسَّمَآءِ أَن يُرْسِلَ عَلَيْكُمْ حَاصِبًا ۖ فَسَتَعْلَمُونَ
كَيْفَ نَذِيرِ ﴿١٧﴾ وَلَقَدْ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَكَيْفَ كَانَ
نَكِيرِ ﴿١٨﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ إِلَى ٱلطَّيْرِ فَوْقَهُمْ صَٰٓفَّٰتٍ وَيَقْبِضْنَ ۚ مَا
يُمْسِكُهُنَّ إِلَّا ٱلرَّحْمَٰنُ ۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَىْءٍۭ بَصِيرٌ ﴿١٩﴾ أَمَّنْ هَٰذَا ٱلَّذِى
هُوَ جُندٌ لَّكُمْ يَنصُرُكُم مِّن دُونِ ٱلرَّحْمَٰنِ ۚ إِنِ ٱلْكَٰفِرُونَ إِلَّا فِى
غُرُورٍ ﴿٢٠﴾ أَمَّنْ هَٰذَا ٱلَّذِى يَرْزُقُكُمْ إِنْ أَمْسَكَ رِزْقَهُۥ ۚ بَل لَّجُّوا۟ فِى
عُتُوٍّ وَنُفُورٍ ﴿٢١﴾

*ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ (قورقمامسىلەر؟)① سىلەر يېقىندا (ئازابنى كۆرگەن چاغدا) مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر② [17]. شەكسىزكى، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان ئىدى، مېنىڭ (ئۇلارغا ئەۋەتكەن) ئازابىم قانداق بولدى؟ [18] ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۇستىدە (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنى كۆرمىدىمۇ؟③ بۇ قۇشلارنى (ھاۋادا) پەقەت رەھمان ئاللاھ (قۇدرىتى بىلەن) تۇتۇپ تۇرىدۇ④، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [19]. (ئى كاپىرلار!) رەھمان ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە قوشۇن بولۇپ ياردەم قىلىدىغان كىم بار؟⑤ كاپىرلار پەقەت ئالدىنىش ئىچىدىدۇر⑥ (يەنى شەيتان ئۇلارنى ئازاب نازىل بولمايدۇ دەپ ئالدايدۇ) [20]. ئەگەر ئاللاھ (سىلەرگە بېرىدىغان) رىزقىنى توختىتىپ قويسا، سىلەرگە رىزىق بېرىدىغان كىم بار؟⑦ ئۇلار (بۇلارنى ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن) ئەكسىچە تەكەببۇرلۇقتا، ھەقتىن يىراقلىشىشتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى⑧ [21].*

① خۇددى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ۋە پىل ئىگىلىرىگە يەنى كەبىنى يىقىتىش ئۈچۈن پىل ھەيدەپ كەلگەن ئەبرەھە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا ياغدۇرغاندەك سىلەرگىمۇ ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىۋېتىشىدىن قورقماسىلەر؟

② لېكىن ئۇ چاغدا بىلگەنىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ.

③ قۇشلار ھاۋادا ئۇچۇۋاتقاندا قاناتلىرىنى يېيىۋالىدۇ، بەزىدە قاناتلىرىنى يىغىۋالىدۇ. ﴿صَٰٓفَّٰتٖ﴾ قاناتلىرىنى يايغانلىقى، ﴿يَقۡبِضۡنَ﴾ قاناتلىرىنى يىغىۋالغانلىقى كۆرسىتىدۇ.

④ يەنى ئۇ قۇشلارنى ئۇچۇۋاتقاندا ئاسماندىن چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ، ئۇلارنى ھاۋا بوشلۇقىدا تۇتۇپ تۇرغان زادى كىم؟ شەكسىزكى، بۇ شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ بىر نەمۇنىسىدۇر.

⑤ بۇ يەردىكى سوئال رەددىيە بېرىش ۋە مالامەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى: سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالايدىغان ھېچبىر قوشۇن ۋە لەشكەر يوقتۇر. ﴿جُندٞ﴾ قوشۇن، لەشكەر مەنىسىدە.

⑥ شەيتان ئۇلارنى شۇنىڭغا مۇپتىلا قىلغاندۇر.

⑦ يەنى ئەگەر ئاللاھ يامغۇر ياغدۇرمىسا ياكى زېمىننى زىرائەت ئۈنمەيدىغان قىلىپ قويسا ياكى تەييار بولغان زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتسە - ئاللاھ بەزى چاغلاردا شۇنداق قىلىدۇ - شۇ سەۋەبتىن سىلەرگە كېلىدىغان ئاشلىقنىڭ مەنبەسى توختاپ قالسا، ئاللاھتىن باشقا ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى سىلەرگە رىزىق بېرەلەيدىغان كىم بار؟

⑧ يەنى ۋەز-نەسىھەت ئۈچۈن قىلىنغان ياخشى سۆزلەر ئۇلارغا قىلچە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى، ھەتتا ئۇلار بويسۇنماسلىق ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرۈشتە ھەددىدىن ئاشقان بولۇپ، ئىبرەتمۇ ئالمايدىغان، تەپەككۇرمۇ قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى.

أَفَمَن يَمۡشِي مُكِبًّا عَلَىٰ وَجۡهِهِۦٓ أَهۡدَىٰٓ أَمَّن يَمۡشِي سَوِيًّا عَلَىٰ

صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٢٢﴾ قُلۡ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَكُمۡ وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ
وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا مَّا تَشۡكُرُونَ ﴿٢٣﴾ قُلۡ هُوَ ٱلَّذِي ذَرَأَكُمۡ
فِي ٱلۡأَرۡضِ وَإِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ﴿٢٤﴾

***(زادى قايسى ئادەمنىڭ ماڭغان يولى ئەڭ توغرا؟) يۈزىچە يىقىلىپ يۈرۈپ ماڭغان ئادەمنىڭ يولى ئەڭ توغرىمۇ① ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەمنىڭ يولىمۇ؟② [22] (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى ياراتقان③، سىلەر ئۈچۈن ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئەزالىرىنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر④، سىلەر بولساڭلار ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىۋاتىسىلەر»⑤ [23]. ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە يارىتىپ كۆپەيتكەن زاتتۇر. سىلەر (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر⑥» [24].***

① يۈزىچە يىقىلىپ يۈرۈپ ماڭغان ئادەم ئوڭ، سول ۋە ئالدى تەرەپتىن ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈشتىنمۇ ساقلىنالمايدۇ. مۇشۇنداق ماڭىدىغان ئادەم كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارالامدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ھەرگىز بارالمايدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، دۇنيادا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، گۇناھقا پېتىپ كەتكەن كىشى ئاخىرەتتىكى نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

② يەنى قەددىنى تۈز تۇتۇپ، يولنىڭ ئوڭ ۋە سولىنى كۆرۈپ ماڭىدىغان ۋە ماڭغان يولىمۇ تۈز بولغان ئادەم ئەلۋەتتە كۆزلىگەن مەنزىل ۋە مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ تائىتىدە تۈز يولنى تاللىغانلارنىڭ يۈزى ئاخىرەتتە نۇرلۇق بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە مۇئمىن بىلەن كاپىرنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. مۇئمىن جەننەتكە قەددىنى رۇس تۇتۇپ ماڭغان ھالدا كىرىدۇ. كاپىر بولسا جەھەننەمگە يۈزىچە دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرەلگەن ھالدا كىرىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا كاپىرلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ﴿وَنَحۡشُرُهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمۡ﴾ ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) ھالدا يىغىمىز﴾. (سۈرە ئىسرا 97-ئايەت)

③ يەنى ئاللاھ سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغان زاتتۇر.

④ سىلەر ئۇ ئەزالار ئارقىلىق ئاڭلىيالايسىلەر، كۆرەلەيسىلەر ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاللاھنى تونۇشقا مۇيەسسەر بولىسىلەر. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئىنساندىكى ئۈچ خىل ئىقتىدارنى تىلغا ئالدى. ئىنسان بۇ ئىقتىدارلار ئارقىلىق كۆرۈنىدىغان، ئاڭلىنىدىغان ۋە چۈشەنگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى بىلەلەيدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارغا قارشى تۇرغۇزۇلغان پاكىت بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمىغانلىقىنى ئەيىبلىگەنلىكتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ ئۇنىڭ كەينىدىنلا ﴿سىلەر بولساڭلار ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىۋاتىسىلەر﴾ دېدى.

⑤ يەنى " شُكْرًا قَلِيْلًا أَوْ زَمَنًا قَلِيْلًا " ئاز شۈكۈر قىلىش ياكى ئاز ۋاقىت شۈكۈر قىلىش دېمەكتۇر. بۇ يەردىكى «ئاز شۈكۈر قىلىش» ئۇلارنىڭ ئەسلا شۈكۈر قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ يەنى ئىنسانلارنى يارىتىپ، كۆپەيتىپ، زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يەرلەشتۈرگەن زات ھەم ئاللاھتۇر. قىيامەت كۈنى يەنە بارلىق مەخلۇقات باشقا ھېچكىمنىڭ ئەمەس، پەقەت شۇ زاتنىڭ دەرگاھىغا جەم بولىدۇ.

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٥﴾ قُلْ إِنَّمَا ٱلْعِلْمُ
عِندَ ٱللَّهِ وَإِنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٢٦﴾ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَهْلَكَنِيَ ٱللَّهُ وَمَن
مَّعِيَ أَوْ رَحِمَنَا فَمَن يُجِيرُ ٱلْكَٰفِرِينَ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢٨﴾

***ئۇلار (يەنى كاپىرلار): «ئەگەر (سىلەر سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان (ئىشقا ئاشىدۇ)؟» دەيدۇ① [25]. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا): «(بۇ ھەقتىكى) ئىلىم (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى) پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر②، مەن پەقەتلا ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»③ دېگىن [26]. كاپىرلار ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا④، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ⑤ ۋە ئۇلارغا: «مانا بۇ سىلەر (دۇنيادىكى***

***ۋاقىتلاردا) تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ⑥ [27]. (ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ئۆلۈمىڭنى ئارزۇ قىلىدىغان مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك) مېنى ۋە مەن بىلەن بولغانلارنى مەيلى ھالاك قىلسۇن ياكى (ھالاك قىلماي) بىزگە رەھىم قىلسۇن، (بۇ ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر). سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ! (سىلەردەك) كاپىرلارنى قاتتىق ئازابتىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟⑦» [28].***

① كاپىرلار مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن قىيامەتنىڭ بولۇشىنى يىراق ساناپ شۇنداق دېيىشەتتى.

② قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر! مەككىلىك كاپىرلار) سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ئىلمى پەقەت رەببىمنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ »﴾. (سۈرە ئەئراف 187-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

③ يەنى مېنىڭ ۋەزىپەم، ماڭا ئىشەنمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن بېشىڭلارغا كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. يەنە بىر ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا: مېنىڭ ۋەزىپەم سىلەرگە غەيبىي ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىش ئەمەس، پەقەتلا ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. مەن پەقەت ئاللاھ ماڭا بىلدۈرگەن غەيب ئىشلار ھەققىدە سىلەرگە سۆزلەپ بېرەلەيمەن.

④ ﴿رَأَوْهُ﴾دىكى ئالماش كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە قىيامەتتىكى ئازابنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە خارلىق، قورقۇنچ ۋە دەھشەت ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: ﴿ئۇ كۈندە بەزى يۈزلەر قارىداپ كېتىدۇ﴾. (سۈرە ئال ئىمران 106-ئايەت)

⑥ ﴿تَدَّعُونَ﴾ بىلەن " تُدْعَوْنَ " بىر مەنىدە. يەنى سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ ئازاب، سىلەر دۇنيادا تېزراق كېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئازابنىڭ دەل ئۆزىدۇر. سۈرە ساد 16-ئايەت ۋە سۈرە ئەنفال 32-ئايەتلەردىمۇ مۇشۇ

نۇقتا بايان قىلىنغان.

⑦ ئۇنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى ھالاك قىلغان ياكى ھالاك قىلماي ئۇلارغا مۆھلەت بەرگەن تەقدىردىمۇ، بۇ كاپىرلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ. يەنە بىر مەنىسى: بىز ئىمان كەلتۈرگەن تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىد قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. سىلەر كۇفۇرلۇق قىلىپ تۇرساڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟

قُلْ هُوَ ٱلرَّحْمَـٰنُ ءَامَنَّا بِهِۦ وَعَلَيْهِ تَوَكَّلْنَا ۖ فَسَتَعْلَمُونَ مَنْ هُوَ فِى ضَلَـٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٢٩﴾ قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَآؤُكُمْ غَوْرًا فَمَن يَأْتِيكُم بِمَآءٍ مَّعِينٍۭ ﴿٣٠﴾

***ئېيتقىنكى، «ئۇ رەھمان ئاللاھتۇر، بىز ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق① ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدۇق②، سىلەر كىمنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر»③ [29]. (ئۇلارغا يەنە) ئېيتقىنكى،» دەپ بېقىڭلارچۇ؟ سۈيۈڭلار (يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟ »④ [30].***

① يەنى ئۇنىڭ يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردۇق، شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز.

② باشقا بىرىگە ئەمەس، پەقەت شۇ زاتقىلا تەۋەككۇل قىلىمىز. بارلىق ئىشلىرىمىزنى شۇ زاتنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىمىز. مۇشرىكلارغا ئوخشاش باشقىلارغا تاپشۇرمايمىز.

③ گۇمراھلىقتا قالغان سىلەرمۇ ياكى بىزمۇ؟ يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر. بۇ ئايەتتە كاپىرلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار.

④ ﴿غَوْرًا﴾ قۇرغاقچىلىق بولۇپ كېتىش ياكى سۇنىڭ تارتىپ چىقارغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە چوڭقۇر سىڭىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالا سىزنى قۇرۇتۇۋەتسە ياكى ھەر خىل ئۇسكۇنىلەرنى تارتىپ چىقىرالمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇر يەرگە سىڭدۈرىۋەتسە، ئىچىپ بېقىڭلارچۇ! كىم سىلەرگە ئېقىپ تۇرىدىغان تاتلىق ۋە پاك سۇنى كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ ھېچكىم كەلتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. سىلەر ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرساڭلارمۇ، سىلەرنى سۇدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ نېمەتتىن مەھرۇم قىلمىغانلىقى ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان مېھرىبانلىقى ۋە مەرھەمىتىدۇر.

# سۈرە قەلەم

| (٦٨) سورة القلم مكية ٥٢ آية | (68) سۈرە قەلەم مەككىدە چۈشكەن 52 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

نٓ وَٱلۡقَلَمِ وَمَا يَسۡطُرُونَ ﴿١﴾ مَآ أَنتَ بِنِعۡمَةِ رَبِّكَ بِمَجۡنُونٖ ﴿٢﴾

***نۇن.① قەلەم بىلەن② ۋە ئۇلار (قەلەم تۇتقۇچىلار) يازىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى③ [1]، (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ (پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت كاتتا) نېمىتى بىلەن سەن (ھەرگىز مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن④ [2].***

① ﴿نٓ﴾ ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، تەپسىلاتى، سۈرە ساد، قاف ۋە سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى.

② قەلەم ئىنتايىن مۇھىم بايان قىلىش ۋە ئىپادىلەش ۋاستىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بۇ يەردە قەلەم بىلەن قەسەم قىلدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى «قەلەم» ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى يېزىشقا بۇيرۇغان «مەخسۇس قەلەم»نى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تۇنجى بولۇپ قەلەمنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا:

يازغىن، دېدى. قەلەم: ئى رەببىم! نېمىنى يازىمەن؟ دېدى. ئاللاھ: تەقدىرنى يازغىن، دېدى. قەلەم شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قىيامەتكىچە بولىدىغان ھەممە ئىشلارنى يازدى». (سۈنەنى تىرمىزى 3319_ ھەدىس، شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ قارىغان)

③ ﴿يَسْطُرُونَ﴾ «ئۇلار يازىدىغان نەرسىلەر»دىكى پېئىلنىڭ ئىگىسى «ئۇلار» دېگەندىن قەلەم تۇتقۇچىلار ياكى پەرىشتىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا «قەلەم» دېگەن سۆز دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى قەلەمنىڭ بولۇشى يازغۇچىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. دېمەك ئۇنىڭ مەنىسى قەلەم تۇتقۇچىلار يازىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم ياكى پەرىشتىلەر يازىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم، دېگەن بولىدۇ.

④ بۇ قەسەمنىڭ جاۋابى بولۇپ، كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە بېرىلگەن رەددىيەدۇر، چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەجنۇن دەيتتى. ﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن﴾. (سۈرە ھىجر 6_ ئايەت)

وَإِنَّ لَكَ لَأَجْرًا غَيْرَ مَمْنُونٍ ۝٣ وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ ۝٤
فَسَتُبْصِرُ وَيُبْصِرُونَ ۝٥ بِأَييِّكُمُ ٱلْمَفْتُونُ ۝٦ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ
بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ۝٧ فَلَا تُطِعِ
ٱلْمُكَذِّبِينَ ۝٨ وَدُّواْ لَوْ تُدْهِنُ فَيُدْهِنُونَ ۝٩

*شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەلۋەتتە ساڭا تۈگىمەس مۇكاپات بار① [3]. سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن② [4]. قايسىڭلارنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە سەنمۇ كۆرىسەن، ئۇلارمۇ كۆرىدۇ③ [6 ـ 5]. چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ [7]. (ھەق دىننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلمىغىن④ [8]. ئۇلار سېنىڭ مادارا (يۇمشاقلىق) قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ (ساڭا) مادارا (يۇمشاقلىق) قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ⑤ [9].*

① يەنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىش يولىدا دۈشمەنلەرنىڭ ساڭا يەتكۈزگەن ئەرزىيەتلىرىگە ۋە نالايىق سۆزلىرىگە سەۋر قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئاللاھ تەرەپتىن ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، ھېسابسىز مۇكاپات بار. ﴿غَيۡرَ مَمۡنُونٍ﴾ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، تۈگەپ كەتمەيدىغان دېگەن مەنىدە.

② «بۈيۈك ئەخلاق» دېگەندىن ئىسلام دىنى ياكى قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ بىر مەنىسى، سەن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن ياكى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇغان بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن. ياكى بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنمۇ تەبىئىتىدە بار بولغان ۋە پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ گۈزەل ۋە ئېسىل ماقامغا يەتكەن خىسلەتلەردىن ئالىيجانابلىق، شەرمى-ھايالىق، مۇلايىملىق، مېھرى-شەپقەتلىك، ئىشەنچلىك، راستچىللىق، ئېغىر - بېسىقلىق ۋە سېخىيلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقتۇر. شۇڭا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: «شەكسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»، دەپ جاۋاب بەرگەن. (سەھىھ مۇسلىم 746-ھەدىس) بۇ جاۋابمۇ يۇقىرىدىكى ئىككى ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

③ يەنى كەلگۈسىدە ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندا، بارلىق پەردىلەر كۆتۈرۈلگەندە، كىمنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. بۇ ئىش قىيامەت كۈنى بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئىش دۇنيادا يەنى بەدر غازىتىدا ئايان بولىدۇ، دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

④ بۇ يەردىكى «ئىتائەت» دېگەندىن بىر كىشىنىڭ ئۆز ۋىجدانىغا قارشى باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ مۇرەسسە ۋە مادارا قىلىشىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى مۇشرىكلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، مادارا قىلمىغىن.

⑤ يەنى ئۇلار سېنىڭ ئۆز مەبۇدلىرى توغرىسىدا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش ۋە مۇرەسسەلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىڭنى، ئۇلارمۇ ساڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، ئازغۇنلار بىلەن مادارا قىلىشنىڭ نەتىجىسى شۇكى، ئۇلار ئۆز ئازغۇنلۇقىدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ. شۇڭا، ھەق دىن توغرىسىدا ئۇلار بىلەن مادارا قىلىش

دەۋەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدۇ.

وَلَا تُطِعۡ كُلَّ حَلَّافٖ مَّهِينٍ ﴿١٠﴾ هَمَّازٖ مَّشَّآءِۭ بِنَمِيمٖ ﴿١١﴾ مَّنَّاعٖ
لِّلۡخَيۡرِ مُعۡتَدٍ أَثِيمٍ ﴿١٢﴾ عُتُلِّۭ بَعۡدَ ذَٰلِكَ زَنِيمٍ ﴿١٣﴾ أَن كَانَ ذَا مَالٖ
وَبَنِينَ ﴿١٤﴾ إِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِ ءَايَٰتُنَا قَالَ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٥﴾
سَنَسِمُهُۥ عَلَى ٱلۡخُرۡطُومِ ﴿١٦﴾ إِنَّا بَلَوۡنَٰهُمۡ كَمَا بَلَوۡنَآ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ

***قەسەمخور، پەسكەش، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، ياخشىلىقنى توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەملەردىن ھېچبىرىگە ئىتائەت قىلمىغىن① [10 ـ 13]. ئۇ مال ـ مۈلۈكى ۋە ئوغۇللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن (كۆرەڭلەپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى)② [14]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلسە: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر»، دېدى [14-15]. بىز يېقىندا ئۇنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىمىز③ [16]. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككىلىكلەرنى)④ باغ ئىگىلىرىنى⑤ سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىققا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق.***

① ئاللاھ بۇ يەردە كاپىرلارنىڭ ناچار ئىللەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، شۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشتىن چەكلەۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى ناچار ئىللەتلەر بىر شەخسكە مەنسۇپمۇ ياكى ئومۇمىي كاپىرلارغا مەنسۇپمۇ؟ بىر شەخسكە مەنسۇپ دېگەن قاراش توغرىسىدا، گەرچە بىر قانچە ھەدىسلەر بولسىمۇ، تازا كۈچلۈك ئەمەس. شۇڭا بۇ ئومۇمىي كاپىرلارغا مەنسۇپ ئىللەتلەردۇر، يەنى بۇ ئايەت مەزكۇر ئىللەتلەر تېپىلىدىغان ھەرقانداق بىر شەخسكە قارىتىلغان. ﴿زَنِيمٍ﴾ ھارامدىن بولغان ياكى يامان نام بىلەن تونۇلغان ئادەم دېگەن مەنىدە.

② ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مال-مۈلۈك ۋە ئەۋلادتىن ئىبارەت نېمەتلەرنى

ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقى يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، يەنى ئۇ شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئىبارىنى ئالدىنقى ئايەتتىكى «ئىتائەت قىلمىغىن» دېگەن چەكلىمىگە باغلايدۇ، يەنى مەزكۇر ناچار ئىللەتلەر تېپىلىدىغان ئادەمگە ئۇنىڭ بايلىقى ۋە ئەۋلادىنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىتائەت قىلامسەن؟ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغىن.

③ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى بەلگە سېلىشنى مۇشۇ دۇنيا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: بەدىر غازىتىدا كاپىرلارنىڭ بۇرۇنلىرىغا قىلىچ ئۇرۇلۇپ بەلگە سېلىنغان ئىدى، دەيدۇ. باشقا مۇپەسسىرلەر بۇنى قىيامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ، يەنى قىيامەت كۈنى دوزىخىيلارنىڭ بۇرۇنلىرى داغلىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. دېمەك ئايەتنىڭ بىر مەنىسى: «بىز قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بۇرنىنى داغلايمىز» دېگەن بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى «بىز ئۇنىڭ يۈزىنى قارا قىلىۋېتىمىز» دېگەن بولىدۇ، دەيدۇ. ھەقىقەتتە قىيامەت كۈنى كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى قارا بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، كاپىرلارنىڭ دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

④ بۇ يەردىكى سىنالغانلاردىن مەككە ئەھلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىز ئۇلارغا شۈكۈر قىلسۇن؛ تۇزكورلۇق، كۇفۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلمىسۇن دەپ، كۆپ بايلىق ئاتا قىلدۇق. بىراق، ئۇلار كۇفۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش يولىنى تاللىدى. شۇ ۋەجىدىن بىز ئۇلارنى قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىققا دۇچار قىلىش بىلەن سىنىدۇق. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەددۇئاسى بىلەن بىر مەزگىل قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىقتا قالدى.

⑤ باغ ئىگىلىرىنىڭ قىسسىسى ئەرەبلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. بۇ باغ يەمەننىڭ پايتەختى «سەنئا» دېگەن شەھەردىن ئالتە مىل يىراقلىقتا ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا باغ ئىگىسى باغدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى پېقىر-مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلاتتى. لېكىن، ئۇ كىشى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن باغقا ۋارىسلىق قىلغان باللىرى: ئۇ باغدىن ئېلىنغان مەھسۇلات ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئاران يېتىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى كەمبەغەللەرگە نېمىشقا بەرگۈدەكمىز؟ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇ باغنى پۈتۈنلەي

ۋەيران قىلدى. مۇپەسسىرلەر بۇ ۋەقەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىدىن بىر ئاز كېيىن يۈز بەرگەن دەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر) بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي مەلۇماتلار تەپسىر كىتابلىرىدا مەۋجۇتتۇر.

إِذۡ أَقۡسَمُواْ لَيَصۡرِمُنَّهَا مُصۡبِحِينَ ﴿١٧﴾ وَلَا يَسۡتَثۡنُونَ ﴿١٨﴾ فَطَافَ
عَلَيۡهَا طَآئِفٞ مِّن رَّبِّكَ وَهُمۡ نَآئِمُونَ ﴿١٩﴾ فَأَصۡبَحَتۡ كَٱلصَّرِيمِ ﴿٢٠﴾
فَتَنَادَوۡاْ مُصۡبِحِينَ ﴿٢١﴾ أَنِ ٱغۡدُواْ عَلَىٰ حَرۡثِكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰرِمِينَ ﴿٢٢﴾
فَٱنطَلَقُواْ وَهُمۡ يَتَخَٰفَتُونَ ﴿٢٣﴾ أَن لَّا يَدۡخُلَنَّهَا ٱلۡيَوۡمَ عَلَيۡكُم
مِّسۡكِينٞ ﴿٢٤﴾

*ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنى (يەنى بېغىنىڭ مېۋىلىرىنى كەمبەغەللەرگە ھېچ نەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ، ئۇلار كۆرمەستە) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى① [17]. ئۇلار «ئاللاھ خالىسا» دېمىگەن ئىدى [18]. ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا، باغقا رەببىڭ تەرىپىدىن ئازاب (يەنى يانغىن) چۈشۈپ②، بىردەمدىلا ئۇ باغ (كۆيۈپ) قاپقارا كۆلدەك بولۇپ قالدى③ [20 ـ 19]. ئۇلار ئەتىگەندە: «ئەگەر (مېۋىلەرنى) ئۈزمەكچى بولساڭلار، باغقا سەھەردە بېرىڭلار» دەپ، بىر ـ بىرىنى چاقىرىشتى [22 ـ 21]. ئۇلار: «بۈگۈن باغقا بىرەر مىسكىنمۇ كىرمىسۇن④» دەپ پىچىرلىشىپ ماڭدى⑤ [24 ـ 23].*

① " صَرْمٌ " مېۋە ۋە زىرائەتلەرنى يىغىش مەنىسىدە. ﴿مُصۡبِحِينَ﴾ سەھەر ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇلار باغنىڭ مېۋىلىرىنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنلا ئۈزۈپ بولىمىز، دېيىشكەن ئىدى.

② مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: باغقا شۇ كېچىسىلا ئوت كەتتى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، باغنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

③ يەنى بۇ باغ زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، قۇرۇپ كەتكەن ئېتىزلىققا ئوخشاش قۇرۇق بولۇپ قالدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: باغ كۆيۈپ گويا كېچە قاراڭغۇلۇقىدەك قاپقارا بولۇپ قالدى.

④ يەنى ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە: بۈگۈن ئاتىمىزنىڭ زامانىغا ئوخشاش مىسكىنلەر باغقا كېلىپ، بىر نەرسە تىلىمىسۇن ۋە نېسىۋىلىرىنى ئېلىپ كەتمىسۇن، دېيىشىپ ماڭدى.

⑤ دېمەك ئۇلار بىرىنچىدىن: باغقا بېرىش ئۈچۈن سەھەردە ئۆيدىن بالدۇر چىقتى. ئىككىنچىدىن: ئۆزلىرىنىڭ باغقا ماڭغانلىقىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر-بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ ماڭدى.

وَغَدَوْا۟ عَلَىٰ حَرْدٍ قَـٰدِرِينَ ﴿٢٥﴾ فَلَمَّا رَأَوْهَا قَالُوٓا۟ إِنَّا لَضَآلُّونَ ﴿٢٦﴾ بَلْ
نَحْنُ مَحْرُومُونَ ﴿٢٧﴾ قَالَ أَوْسَطُهُمْ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ لَوْلَا تُسَبِّحُونَ ﴿٢٨﴾
قَالُوا۟ سُبْحَـٰنَ رَبِّنَآ إِنَّا كُنَّا ظَـٰلِمِينَ ﴿٢٩﴾ فَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ
يَتَلَـٰوَمُونَ ﴿٣٠﴾ قَالُوا۟ يَـٰوَيْلَنَآ إِنَّا كُنَّا طَـٰغِينَ ﴿٣١﴾

***ئۇلار: «(مىسكىنلەرنى باغقا كىرىشتىن) توسالايمىز» دېگەن ئوي بىلەن سەھەردە يولغا چىقتى① [25]. ئۇلار (كۆيۈپ كەتكەن) باغنى كۆرۈپ②: «بىز چوقۇم ئېزىپ قاپتۇق③، ياق (ئېزىپ قالماپتۇق)، بەلكى بىز (ھەممىدىن) قۇرۇق قاپتۇق»④ دېيىشتى [26 ـ 27]. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى (يەنى ئەڭ ئەقىللىقى): «مەن سىلەرگە تەسبىھ ئېيتساڭلارچۇ، دېمىگەنمىدىم؟⑤ دېدى [28]. ئۇلار: «ئى رەببىمىز! (سەن بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن (دەپ تەسبىھ ئېيتىپ)، بىز (مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى مەنئى قىلىش بىلەن) ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلىپتۇق» دېيىشتى⑥ [29]. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۆزئارا مالامەت قىلىشتى [30]. ئۇلار: «ۋاي ئىسىت! بىز راستتىنلا ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق [31].***

① ﴿حَرْدٍ﴾نىڭ بىر مەنىسى: كۈچ ۋە قۇۋۋەت بىلەن توسماق، مەنئى قىلماق. يەنە بىر مەنىسى: غەزەبلەنمەك، ھەسەت قىلماق، يەنى مىسكىنلەرگە ھەسەت قىلىش ياكى غەزەپ قىلىش يۈزىسىدىن. ﴿قَٰدِرِينَ﴾ ھالەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن يەنى ئۇلار ئۆزلىرىچە شۇنداق مۆلچەرلىگەن ياكى ئۇلار ئۆزلىرى باغنى كونترول قىلىشقا قادىرمىز دېيىشكەن ئىدى. يەنە بىر مەنىسى: مىسكىنلەرنى باغقا كىرىشتىن توسۇشقا قادىر بولالايمىز دېگەن ئوي بىلەن سەھەر تۇرۇشقان ئىدى.

② ئۇلار باغ جايلاشقان يەرگە يېتىپ بارغاندا، باغنىڭ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەنلىكىنى ياكى ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

③ يەنى ئۇلار دەسلەپتە كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك بىر-بىرىگە: بىز يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئوخشايمىز، دېيىشتى.

④ كېيىن ئۇلار ھوشىنى يىغىپ، كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن، ۋەيران بولغان بۇ باغنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېغى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. بۇ ۋەيرانە باغ دەل بىزنىڭ بېغىمىز ئىكەن، ئاللاھ بىزنى قىلمىشىمىز سەۋەبىدىن جازالاپتۇ، بىز باغدىن ئالىدىغان نېسىۋىمىزدىن قۇرۇق قاپتۇق، دېيىشتى.

⑤ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردىكى تەسبىھ ئېيتىش «ئاللاھ خالىسا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، دېدى. يەنى مەن سىلەرگە «ئاللاھ خالىسا» دېسەڭلارچۇ، دېمىگەنمىدىم؟

⑥ يەنى ئۇلار ئەمدى دادىسىنىڭ تۇتقان يولىغا خىلاپ ئىش قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ جازاغا يولۇققانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. بۇنىڭدىن بىلىنۋالغىلى بولىدۇكى، بىرەر گۇناھنى قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىرادە ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بېسىلغان تۈنجى قەدەممۇ گۇناھ سادىر قىلغاندەك جىنايەت ھېسابلىنىپ، جازاغا لايىق بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلگەن ئىرادە پەقەت ۋەسۋەسە دائىرىسىدە بولسا، جازاغا لايىق بولمايدۇ.

عَسَىٰ رَبُّنَآ أَن يُبْدِلَنَا خَيْرًا مِّنْهَآ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا رَٰغِبُونَ ﴿٣٢﴾ كَذَٰلِكَ

ٱلۡعَذَابُۖ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَكۡبَرُۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿٣٣﴾ إِنَّ لِلۡمُتَّقِينَ
عِندَ رَبِّهِمۡ جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٣٤﴾ أَفَنَجۡعَلُ ٱلۡمُسۡلِمِينَ كَٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٣٥﴾
مَا لَكُمۡ كَيۡفَ تَحۡكُمُونَ ﴿٣٦﴾ أَمۡ لَكُمۡ كِتَٰبٞ فِيهِ تَدۡرُسُونَ ﴿٣٧﴾
إِنَّ لَكُمۡ فِيهِ لَمَا تَخَيَّرُونَ ﴿٣٨﴾ أَمۡ لَكُمۡ أَيۡمَٰنٌ عَلَيۡنَا بَٰلِغَةٌ إِلَىٰ
يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ إِنَّ لَكُمۡ لَمَا تَحۡكُمُونَ ﴿٣٩﴾

***ئۈمىدىمىز شۇكى، رەببىمىز بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق باغنى بەرگەي، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزدىن ئۈمىد كۈتكۈچىلەرمىز»① دېيىشتى [32]. (دۇنيادىكى) ئازاب مانا مۇشۇنداقتۇر② (يەنى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان مەككە مۇشرىكلىرىگىمۇ باغ ئىگىلىرىگە چۈشكەندەك ئازاب چۈشۈپ قالىدۇ). ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، كاشكى ئۇلار (بۇنى) بىلسە ئىدى (ئازابقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغان بولاتتى)③ [33]. شەكسىزكى، تەقۋادارلار ئۈچۈن رەببىنىڭ دەرگاھىدا نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر بار [34]. بىز مۇسۇلمانلارنى ئۇ گۇناھكار (كاپىر)لار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟④ [35] سىلەرگە نېمە بولىدى؟ قانداقلارچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر! [36] ياكى سىلەردە سىلەر ئوقۇيدىغان بىرەر كىتاب بارمۇ؟⑤ [37]. ئۇنىڭدا «سىلەر نېمىنى خالىساڭلار ئۇ سىلەرنىڭ بولىدۇ» دېگەن ھۆكۈم بارمىكەن؟ [38]. ياكى «سىلەر قانداق ھۆكۈم چىقارساڭلار بولۇۋېرىدۇ» دەپ ئارىمىزدا قىيامەت كۈنىگە قەدەر كۈچكە ئىگە قىلىنغان بىرەر كېلىشىم بولغانمۇ؟⑥ [39]***

① بەزى مۇپەسسىرلەر دەيدۇكى، ئۇلار ئۆزئارا: «ئەگەر ئاللاھ تائالا بىزگە قايتا مال-مۈلۈك بەرسە، دادىمىزغا ئوخشاش پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىمىز» دەپ ئەھدە قىلىشقان. دېمەك، ئۇلار پۇشايمان ۋە تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان.

② يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى چىققان، ئاللاھ ئاتا قىلغان نەرسىگە بېخىللىق قىلىپ، مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى بەرمىگەنلەرگە مانا شۇنداق ئازاب بولىدۇ. (ئەگەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى شۇنى تەقەززا

قىلغان بولسا)

③ ئەپسۇسكى، ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ.

④ مەككە مۇشرىكلىرى: «ئەگەر قىيامەت بولسا، ئۇ يەردىمۇ بىز دۇنيادىكىدەكلا مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا ياخشى ھالەتتە ۋە باياشاتلىقتا بولىمىز» دەيتتى. بۇ يەردە ئۇلارغا جاۋابەن دېيىلدىكى، ئۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، بىز مۇسۇلمانلارنى گۇناھكار كاپىرلار بىلەن، يەنى ئىتائەتمەنلەرنى ئىتائەتسىزلەر بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەر ئىككى پىرقىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئادىللىق سۈپىتىگە خىلاپتۇر.

⑤ يەنى ئۇ كىتابتا بۇ دەۋايىڭلارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت يېزىقلىقمۇ؟

⑥ ياكى سىلەر بىزدىن قىيامەتكە قەدەر كۈچكە ئىگە مەھكەم ئەھدە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «سىلەر قانداق ھۆكۈم چىقارساڭلار، بولۇۋېرىدۇ» دەپ يېزىلغانمۇ؟

سَلْهُمْ أَيُّهُم بِذَٰلِكَ زَعِيمٌ ﴿٤٠﴾ أَمْ لَهُمْ شُرَكَآءُ فَلْيَأْتُواْ بِشُرَكَآئِهِمْ إِن
كَانُواْ صَٰدِقِينَ ﴿٤١﴾ يَوْمَ يُكْشَفُ عَن سَاقٍ وَيُدْعَوْنَ إِلَى ٱلسُّجُودِ
فَلَا يَسْتَطِيعُونَ ﴿٤٢﴾ خَٰشِعَةً أَبْصَٰرُهُمْ تَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ وَقَدْ كَانُواْ
يُدْعَوْنَ إِلَى ٱلسُّجُودِ وَهُمْ سَٰلِمُونَ ﴿٤٣﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قايسىسى بۇ ئىشلارغا كېپىللىك قىلالايدۇ؟① [40] ياكى ئۇلارنىڭ (كېپىللىك قىلىدىغان) شېرىكلىرى بارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار (بار دېگەن سۆزىدە) راستچىل بولسا، شېرىكلىرىنى كەلتۈرۈپ باقسۇن② [41]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) پاچاق ئېچىلىدۇ (ئىش قىيىنلىشىدۇ). ئۇلار سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، (ئەمما) سەجدە***

*قىلالمايدۇ③ [42]. ئۇلار (قورقىنىدىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ④، ئۇلارنى خارلىق ئورىۋالغان بولىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار (دۇنيادىكى) ساغلام چاغلىرىدا سەجدىگە دەۋەت قىلىنغان (بولسىمۇ سەجدىدىن باش تارتقان) ئىدى⑤ [43].*

① قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا قارىتا ھۆكۈم چىقارغاندەك، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىدىغان بىرەر كېپىلى بارمۇ؟

② ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا قوشۇۋالغان شېرىكلىرى ئۇلارغا ياردەم قىلىپ، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرۈپ قويامدۇ؟ ئەگەر شېرىكلىرى شۇنداق قىلالىسا، دەۋاسىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن شېرىكلىرىنى ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقسۇن!

③ بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿يُكْشَفُ عَنْ سَاقٍ﴾ «پاچاق ئېچىلىدۇ» دېگەن ئىبارىنى قىيامەت كۈنى دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، ئىشلار قىيىنلىشىدۇ دەپ تەپسىر قىلغان. ئەمما بىر سەھىھ ھەدىستە بۇ ئايەت مۇنداق تەپسىر قىلىنغان: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) پاچىقىنى ئاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەربىر مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئايال ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ. لېكىن دۇنيادىكى چاغدا رىيا ۋە نام-شۆھرەت ئۈچۈن سەجدە قىلغانلار سەجدە قىلالماي قالىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلماقچى بولىدۇ-يۇ، سەجدە قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇرتقا سۆڭەكلىرى تاياقتەك قېتىپ قالغانلىقتىن سەجدە قىلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4919-ھەدىس) ئاللاھ تائالانىڭ پاچىقى قانداق بولىدۇ ۋە قانداق ئاچىدۇ؟ بىز بۇنى بىلمەيمىز ھەم بايان قىلالمايمىز. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالانىڭ كۆزى، قولىقى، قولى ۋە پاچىقى دېگەن سۆزلەر قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىپتە قانداق بايان قىلىنغان بولسا، ئۇلارنى بىر نەرسىگە ئوخشاتماستىن ۋە قانداقلىقىنى بايان قىلماستىن شۇ پېتى ئىمان كەلتۈرىمىز. مانا بۇ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىدۇر.

④ يەنى دۇنيادىكى چاغدا تەرسالىق ۋە تەكەببۇرلۇقتىن بويۇنلىرى ئېگىلمەيتتى، غادىيىپ ماڭاتتى. ئاخىرەتتە بولسا تىكىلىپ قارىيالمىغانلىقتىن باشلىرى ساڭگىلاپ كېتىدۇ.

⑤ ئۇلار دۇنيادىكى چاغدا سەجدە قىلىشقا چاقىرىلغاندا، تەنلىرى ساغلام ۋە كۈچلۈك ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا سەجدە قىلىشىغا ھېچنەرسە توسالغۇ بولمايتتى. شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار دۇنيادا ئاللاھقا سەجدە ۋە ئىبادەت قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇردى.

فَذَرْنِي وَمَن يُكَذِّبُ بِهَٰذَا ٱلْحَدِيثِ ۖ سَنَسْتَدْرِجُهُم مِّنْ حَيْثُ لَا
يَعْلَمُونَ ﴿٤٤﴾ وَأُمْلِي لَهُمْ ۚ إِنَّ كَيْدِي مَتِينٌ ﴿٤٥﴾ أَمْ تَسْـَٔلُهُمْ أَجْرًا فَهُم
مِّن مَّغْرَمٍ مُّثْقَلُونَ ﴿٤٦﴾ أَمْ عِندَهُمُ ٱلْغَيْبُ فَهُمْ يَكْتُبُونَ ﴿٤٧﴾
فَٱصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تَكُن كَصَاحِبِ ٱلْحُوتِ إِذْ نَادَىٰ وَهُوَ
مَكْظُومٌ ﴿٤٨﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن①، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلمەيدىغان يەردىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز② [44]. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، شەكسىزكى، مېنىڭ تەدبىرىم پۇختىدۇر③ [45]. ياكى (دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىڭغا) ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ (ئىقتىسادىي) يۈكى ئېغىرلىشىپ قاپتىمۇ؟④ [46]. ياكى ئۇلاردا غەيب ئىلمى (يەنى غەيبنى ئىچىگە ئالغان لەۋھۇلمەھپۇز) بار بولۇپ، ئۇلار (ئېيتىدىغانلىرىنى شۇنىڭدىن كۆچۈرۈپ) يازامدۇ؟⑤ [47]. رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن (يەنى ساقلاپ تۇرغىن)⑥، (ئالدىراڭغۇلۇقتا، زېرىككەكلىكتە) كىتنىڭ ساھىبىغا (يەنى كىتنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن يۇنۇسقا) ئوخشاش (ئالدىراڭغۇ) بولمىغىن⑦، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ (كىتنىڭ قارنىدا تۇرۇپ) غەمكىن ھالدا (رەببىگە) ئىلتىجا قىلغان ئىدى⑧ [48].*

① يەنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى مەن ئۆزۈم بېرىمەن. سەن بۇ ھەقتە باش قاتۇرمىغىن.

② ئاللاھ تائالانىڭ مۆھلەت بېرىپ، ئاستا-ئاستا تەدرىجىي ھالاك قىلىش قانۇنىيىتى قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە جايدا بايان قىلىندى.

ھەدىسلەردىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈلدى. بەزى كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارغا كۆپ بايلىق بېرىلگەنلىكى ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۆھلەت بېرىپ، ئاستا-ئاستا تەدرىجىي ھالاك قىلىش قانۇنىيىتىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. مۆھلەت توشۇپ جازالاش ۋاقتى كەلگەندە ھېچبىر قۇتقۇزغۇچى بولمايدۇ.

③ بۇ يەردە يۇقىرىدىكى مەزمۇن تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ﴿كَيْدِ﴾ بۇ يەردە تەدبىر، مەخپىي پىلان دېگەن مەنىدە. بۇ تەدبىر ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بولسا ئەلۋەتتە خاتالىق ئەمەستۇر. ئەمما ئۇنى ھىيلە-مىكىر دەپ چۈشۈنۈش ۋە تەرجىمە قىلىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ھىيلە-مىكىر سەلبىي مەنىدە كېلىدۇ.

④ بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان خىتابتۇر. لېكىن بۇنىڭدىكى تەنقىد ۋە ئەيىبلەش ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئىمان كەلتۈرمىگەنلەرگە قارىتىلغان.

⑤ يەنى ئۇلار ئىلمى غەيبتىن خەۋەردار بولۇپ تۇرامدۇ؟ لەۋھۇلمەھپۇز ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇ يەردىن غەيب نەرسىلەرنى نەقىل قىلىۋالامدۇ؟ (ئۇ يەردىن كۆچۈرۈپ يېزىۋالامدۇ؟) شۇ سەۋەبتىن ساڭا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئىتائەت قىلىشنى مۇھىم دەپ قارىمامدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ياق، ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

⑥ ﴿فَاصْبِرِ﴾دىكى "ف" ئالدىنقى جۈملىنى شەرت نەتىجە مۇناسىۋىتىدە باغلاپ كەلگەن يەنى ئەگەر ئىش ئۇنداق بولمىسا، ئى پەيغەمبەر! سەن ئەلچىلىك ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىۋەرگىن. ئىنكار قىلغۇچىلار توغرىسىدا رەببىڭنىڭ ھۆكمىنى كۈتكىن.

⑦ ئۇ قەۋمىنىڭ ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىگە قاراپلا، ئالدىراقسانلىق قىلغان ۋە رەببىنىڭ ئەمرىنى كۈتمەستىن، ئۆزىچە ئۇلارنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

⑧ نەتىجىدە ئۇ كىتىنىڭ قارنىدا كۆڭلى غەم-ئەندىشىگە تولغان ھالدا قالدى، رەببىدىن مەدەت تىلەپ دۇئا قىلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى بايان قىلىنىپ بولدى.

لَّوْلَآ أَن تَدَارَكَهُۥ نِعْمَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ لَنُبِذَ بِٱلْعَرَآءِ وَهُوَ مَذْمُومٌ ﴿٤٩﴾
فَٱجْتَبَٰهُ رَبُّهُۥ فَجَعَلَهُۥ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٥٠﴾ وَإِن يَكَادُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ لَيُزْلِقُونَكَ بِأَبْصَٰرِهِمْ لَمَّا سَمِعُوا۟ ٱلذِّكْرَ وَيَقُولُونَ إِنَّهُۥ
لَمَجْنُونٌ ﴿٥١﴾ وَمَا هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿٥٢﴾

***ئەگەر ئۇ رەببىنىڭ نېمىتىگە ئېرىشمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ (قىلمىشىغا) مالامەت قىلىنغان ھالدا (دەرەخمۇ يوق، تاغمۇ يوق) قاقاس بىر چۆلگە تاشلانغان بولاتتى① [49]. رەببى ئۇنى (يەنە پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى②، ئاندىن ئۇنى سالىھلار (ياخشىلار) دىن قىلدى③ [50]. كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ④. ئۇلار (سېنى): «ئۇ چوقۇم بىر مەجنۇندۇر» دېيىشىدۇ⑤ [51]. (ھەقىقەت شۇكى) ئۇ (قۇرئان) تامام جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەتلا نەسىھەتتۇر⑥ [52].***

① يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلمىغان ۋە دۇئاسىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا ئىدى، ئۇنى سايە ھەم يېمەكلىك بولىدىغان قاپاق دەرىخى ئۈندۈرۈپ بېرىلگەن دېڭىز بويىغا ئەمەس، قاقاس چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن بولاتتى. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىمۇ ئەيىبلىنىشكە لايىق بولاتتى. دۇئاسى قوبۇل بولغاندىن كېيىن مەدھىيەگە لايىق بولدى.

② يەنى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، قايتا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى يۈكلىنىپ، ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتىلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى سۈرە ساففات 146-ئايەتنىڭ تەپسىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

③ شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھېچبىر ئادەم ئۆزىنى مەن يۇنۇس ئىبنى مەتتا (يۇنۇس ئەلەيھىسسالام)دىن ياخشىراق دېمىسۇن». (سەھىھ مۇسلىم 2377-ھەدىس). تەپسىلاتى سۈرە بەقەرە 253-ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

④ يەنى ئەگەر ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ يامان كۆزلىرىدىن ساقلىمايدىغان

ۋە ئۇلاردىن ھىمايە قىلمايدىغان بولسا، ئۇلار ساقا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ساڭا ھەسەت قىلىپ، يامان نەزەر بىلەن قاراپ سېنى يىقىتىۋەتكەن بولاتتى. يەنى ساڭا ئۇلارنىڭ يامان كۆزى تەگكەن بولاتتى. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت كۆز تېگىشنىڭ راست ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. يامان كۆزنىڭ ـ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ـ باشقىلارغا تەسىر قىلىشى ھەقتۇر». شۇنداقلا بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ساقلىنىش دۇئالىرىمۇ بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار نېمىگە ئاساسلىنىپ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرىدۇ؟ ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىدا ھەۋەس قىلارلىق بىرەر ئىشنى كۆرسە، ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن» دېگەن. يەنى كۆزۈڭلار تەگمەسلىكى ئۈچۈن، «ماشائاللاھ» ياكى «بارىكاللا» دەڭلار. ئەگەر بىر كىشىگە باشقا بىر كىشىنىڭ كۆزى تەگكەن بولسا، كۆز ئىگىسىنى غۇسۇل قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنى كۆز تەگكەن ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە تۆكۈشكە بۇيرۇغان. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭ مەنىسى: ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈش ۋەزىپەڭدىن بۇرىۋەتمىسۇن، دېگەن بولىدۇ.

⑤ يەنى ئۇلار ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن يەنە باشقىلارنى قۇرئاندىن تەسىرلىنىپ كەتمىسۇن دەپ شۇنداق دەيدۇ. يەنى كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يامان كۆزلىرى ئارقىلىقمۇ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ ۋە تىللىرى ئارقىلىقمۇ ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدۇ.

⑥ ھەقىقەت شۇكى، بۇ قۇرئان كەرىم ئىنسانلار ۋە جىنلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن تۇرسا، ئۇنى ئېلىپ كەلگۈچى ۋە بايان قىلغۇچى قانداقمۇ مەجنۇن بولسۇن؟

# سۈرە ھاققە

| (٦٩) سورة الحاقة مكية ٥٢ آية | (69) سۈرە ھاققە مەككىدە چۈشكەن 52 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱلْحَآقَّةُ ۝١ مَا ٱلْحَآقَّةُ ۝٢ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا ٱلْحَآقَّةُ ۝٣ كَذَّبَتْ ثَمُودُ
وَعَادٌۢ بِٱلْقَارِعَةِ ۝٤ فَأَمَّا ثَمُودُ فَأُهْلِكُوا۟ بِٱلطَّاغِيَةِ ۝٥ وَأَمَّا عَادٌ
فَأُهْلِكُوا۟ بِرِيحٍ صَرْصَرٍ عَاتِيَةٍ ۝٦

***(بولۇشى ئېنىق كۈن) قىيامەت① [1]. قىيامەت دېگەن نېمە؟② [2] سەن قىيامەتنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟③ [3] سەمۇد ۋە ئاد قەۋملىرى (دىللارغا قورقۇنچ سالغۇچى) قىيامەتنى ئىنكار قىلدى④ [4]. (نەتىجىسى شۇ بولدىكى) سەمۇد قەۋمى بولسا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق (قورقۇنچلۇق) ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى⑤ [5]. ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق (تېز سۇرئەتلىك) ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى⑥ [6].***

① ﴿الْحَآقَّةُ﴾ بۇ قىيامەت كۈنىنىڭ بىر نامى بولۇپ، ئۇ كۈندە ئاللاھنىڭ ۋەدىسى شەكسىز ئەمەلگە ئاشىدۇ. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىيامەت قايىم بولماي قالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ نامى ﴿الْحَآقَّةُ﴾ يەنى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشقۇچى، بولۇشى ھەق ۋە ئېنىق

كۈن دەپ ئاتالغان.

② بۇ سوئال جۈملە قىيامەتنىڭ چوڭلۇقى ۋە كاتتىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن.

③ يەنى سەن قايسى ئۇسۇل بىلەن قىيامەتنىڭ تولۇق ھەقىقىتىنى بىلەلەيسەن؟ بۇ ئىبارىدىن مەقسەت قىيامەت ھەققىدە ھېچكىمنىڭ ئىلمى يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. سەن ئۇنى كۆرمىگەن ياكى ئۇنىڭدىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار كۆز ئالدىڭدىن ئۆتۈپ باقمىغان بولغاچقا، يەنە بۇ مەخلۇقاتنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن تاشقىرى بىر ئىش بولغاچقا، ئۇنى سەن بىلمەيسەن. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىمدە قانداق بىر مەسىلە توغرىسىدا ﴿وَمَآ أَدۡرَىٰكَ﴾ دەپ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان سوئال شەكلى ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇ مەسىلە بىلدۈرۈلگەن ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئەمما ﴿وَمَا يُدۡرِيكَ﴾ دەپ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان سوئال شەكلى ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇ مەسىلە بىلدۈرۈلمىگەن ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان. (فەتھۇلقەدىر ۋە ئەيسەر تەپاسىر)

④ بۇ يەردە قىيامەت ﴿ٱلۡقَارِعَةِ﴾ ئىشىك قاققۇچى يەنى دىللارغا قورقۇنچ سالغۇچى دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ دەھشىتى بىلەن بارلىق مەخلۇقاتنى ئويغۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرغۇزىۋېتىدۇ.

⑤ ﴿ٱلطَّاغِيَةِ﴾ دېگەن دەرىجىدىن تاشقىرى ئۈنلۈك ئاۋازدۇر. سەمۇد قەۋمى دەرىجىدىن تاشقىرى قورقۇنچلۇق، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم بايان قىلىندى.

⑥ ﴿صَرۡصَرٍ﴾ ئاۋازى يۇقىرى، قاتتىق سوغۇق بوران. ﴿عَاتِيَةٍ﴾ توسقىلى بولمايدىغان، ھېچكىمگە بويسۇنمايدىغان دېگەن مەنىدە. دېمەك ئىنتايىن تېز، كۈچلۈك ۋە توسقىلى بولمايدىغان ناھايىتى سوغۇق بوران ئارقىلىق ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئاد قەبىلىسى ھالاك قىلىندى.

سَخَّرَهَا عَلَيۡهِمۡ سَبۡعَ لَيَالٖ وَثَمَٰنِيَةَ أَيَّامٍ حُسُومٗاۖ فَتَرَى ٱلۡقَوۡمَ
فِيهَا صَرۡعَىٰ كَأَنَّهُمۡ أَعۡجَازُ نَخۡلٍ خَاوِيَةٖ ۝٧ فَهَلۡ تَرَىٰ لَهُم مِّنۢ

بَاقِيَةٍ ﴿٨﴾ وَجَآءَ فِرْعَوْنُ وَمَن قَبْلَهُۥ وَٱلْمُؤْتَفِكَٰتُ بِٱلْخَاطِئَةِ ﴿٩﴾
فَعَصَوْا۟ رَسُولَ رَبِّهِمْ فَأَخَذَهُمْ أَخْذَةً رَّابِيَةً ﴿١٠﴾ إِنَّا لَمَّا طَغَا ٱلْمَآءُ
حَمَلْنَٰكُمْ فِى ٱلْجَارِيَةِ ﴿١١﴾ لِنَجْعَلَهَا لَكُمْ تَذْكِرَةً وَتَعِيَهَآ أُذُنٌ
وَٰعِيَةٌ ﴿١٢﴾ فَإِذَا نُفِخَ فِى ٱلصُّورِ نَفْخَةٌ وَٰحِدَةٌ ﴿١٣﴾

***ئاللاھ بوراننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي (مۇسەللەت قىلىپ) قويۇۋەتتى①، سەن (ئەگەر شۇ يەردە بولساڭ) ئۇلارنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرەتتىڭ② [7]. (ھازىر) ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟ [8] پىرئەۋن ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە شەھەرلىرى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەنلەر③ گۇناھقا چۆمگەن ئىدى [9]. ئۇلار رەببىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىمۇ ناھايىتى قاتتىق جازالىدى④ [10]. شەكسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا⑤، بىز سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە چىقارغان ئىدۇق⑥، بىز ئۇنى سىلەرگە ئىبرەت قىلىش⑦ ۋە (ئاڭلىغانلىرىنى) ساقلىيالايدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى ساقلىۋېلىشى ئۈچۈن⑧ (شۇنداق قىلدۇق) [12 ـ 11]. سۈر بىر قېتىم (يەنى بىرىنچى قېتىم) چېلىنغان چاغدا⑨ [13]***

① ﴿حُسُومًا﴾نىڭ مەنىسى كېسىش، پارچە-پارچە قىلىۋېتىش دېمەكتۇر. مۇپەسسىرلەر ئۇنى «ئارقىمۇئارقا، ئۈزۈلدۈرمەي» دېگەن مەنىدە ئالدۇ.

② ﴿خَاوِيَةٍ﴾ پور كۆتەك. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ سوزۇلۇپ ياتقان جەسەتلىرى پورلىشىپ، سېسىپ، يېقىلىپ چۈشكەن خورما دەرەخلىرىنىڭ كۆتەكلىرىگە ئوخشىتىلدى. بۇ ئىبارە يەنە ئۇلارنىڭ قەددى-قامىتىنىڭ ئېگىزلىكىگە ھەم دالالەت قىلىدۇ.

③ «شەھەرلىرى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەنلەر» بولسا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدۇر.

④ ﴿رَابِيَةً﴾ " رَبَا ، يَرْبُوْ " دېگەن پېئىلدىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، زىيادە، ئارتۇق دېگەن مەنىدە. يەنى ئۇلارنى باشقا قەۋملەرنى جازالىغاندىنمۇ ئارتۇق يەنى قاتتىقراق ئازاب بىلەن جازالىدۇق. دېمەك ﴿أَخْذَةً رَّابِيَةً﴾ ئىنتايىن قاتتىق ئازابنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ يەنى سۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، چەكتىن ئاشقاندا يەنى پۈتۈن ئەتراپ سۇغا تولغان، توپان كەلگەن چاغدا.

⑥ «سىلەرنى» بۇ يەردىكى خىتاب قىلىنىۋاتقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى كىشىلەردۇر. دېمەك بىز سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلارنى كېمىگە چىقىرىپ، سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان ئىدۇق. ﴿الْجَارِيَةِ﴾ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ يەنى كاپىرلارنى سۇدا غەرق قىلدۇق، مۇئمىنلەرنى كېمىگە چىقىرىپ قۇتقۇزىۋالدۇق. ئىبرەت ئېلىشقىلار ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماسلىقىلار ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى سىلەرگە ئىبرەت قىلىپ قالدۇردى.

⑧ ئاڭلايدىغانلارنىڭ ئۇنى ئاڭلاپ ئەستە تۇتۇۋېلىشى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق.

⑨ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇشىدا شەك بولمىغان ﴿الْحَاقَّةُ﴾ قىيامەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇ ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرلا سۇر چېلىشى بىلەن باشلىنىپ كېتىدۇ.

وَحُمِلَتِ ٱلْأَرْضُ وَٱلْجِبَالُ فَدُكَّتَا دَكَّةً وَٰحِدَةً ﴿١٤﴾ فَيَوْمَئِذٍ وَقَعَتِ
ٱلْوَاقِعَةُ ﴿١٥﴾ وَٱنشَقَّتِ ٱلسَّمَآءُ فَهِىَ يَوْمَئِذٍ وَاهِيَةٌ ﴿١٦﴾ وَٱلْمَلَكُ عَلَىٰٓ
أَرْجَآئِهَا ۚ وَيَحْمِلُ عَرْشَ رَبِّكَ فَوْقَهُمْ يَوْمَئِذٍ ثَمَٰنِيَةٌ ﴿١٧﴾ يَوْمَئِذٍ
تُعْرَضُونَ لَا تَخْفَىٰ مِنكُمْ خَافِيَةٌ ﴿١٨﴾ فَأَمَّا مَنْ أُوتِىَ كِتَٰبَهُۥ
بِيَمِينِهِۦ فَيَقُولُ هَآؤُمُ ٱقْرَءُوا۟ كِتَٰبِيَهْ ﴿١٩﴾

***زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتۈرۈلۈپ① (بىر - بىرىگە) بىرلا ئۇرۇلۇش بىلەن كۇكۇم تالقان بولۇپ كەتكەن چاغدا [14]، بۇ كۈندە چوڭ ۋەقە (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ [15]. ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (پارچىلىنىپ) بوششىپ كېتىدۇ② [16]. پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ③، بۇ كۈندە رەببىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە ئۆز ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ④ [17]. بۇ كۈندە سىلەر (ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا) سۇنۇلىسىلەر (كەلتۈرۈلىسىلەر)⑤، سىلەرنىڭ ھېچقانداق بىر سىرىڭلار مەخپىي قالمايدۇ [18]. نامە - ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم⑥ (خۇشاللىقتىن): «ئېلىڭلار! نامە - ئەمەلىمنى ئوقۇپ بېقىڭلار⑦،***

① يەنى ئۇلار ئۆز جايلىرىدىن ئېلىۋېتىلىدۇ، يەنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىدىن يۇلۇۋېتىلىدۇ.

② يەنى ئاسمان پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدا كۈچ ۋە ساباتلىق قالمايدۇ. يېرىلىپ پارە-پارە بولۇپ كەتكەن نەرسىدە قانداقمۇ كۈچ ۋە ساباتلىق بولسۇن؟

③ يەنى ئاسمان يېرىلىپ پارە-پارە بولۇپ كەتكەندە ئاسماندىكى مەخلۇقلار بولغان پەرىشتىلەر نەدە تۇرىدۇ؟ ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىر مەنىسى شۇكى، پەرىشتىلەر ئاسمان پارچىلىنىشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن زېمىنغا چۈشىدۇ ۋە ئۇلار زېمىننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئۇلار ئاسمان پارچىلىنىپ كەتكەندە زېمىننىڭ ئەتراپىدا توختاپ قالغان ئاسمان پارچىلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى بۇ خاس پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئەرشىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بەلكىم بۇ يەردىكى ئەرش-مەھشەرگاھتا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەر توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن قويۇلىدىغان، ئۈستىگە ئاللاھ تائالا چۈشىدىغان ئەرشنى كۆرسىتىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑤ بۇ سۇنۇلۇش ۋە كەلتۈرۈلۈش ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىلمىگەنلىرىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇ

ھەممىنى بىلىدۇ، بۇ سۇنۇلۇش پەقەت ئۇلارغا قارشى پاكىت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بولىدۇ. ئاللاھ تائالاغا بەندىلەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

⑥ نامە ـ ئەمەلنىڭ ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلىكى ئۇنىڭ نىجات تاپقانلىقى، مەقسەتكە يەتكەنلىكى ۋە سائادەتمەنلەردىن بولغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

⑦ ئۇ ئادەم قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆزىگە ئۈچرىغان ئادەملەرگە:» «ئېلىڭلار! نامە ـ ئەمەلىمنى ئوقۇپ بېقىڭلار «دەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم نامە ـ ئەمەلىنىڭ ساۋابلىق ئىشلار بىلەن تولغانلىقىنى، ئەگەر بىر قىسىم يامانلىقلىرى بولغان بولسا ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلغانلىقىنى ياكى ياخشىلىققا ئايلاندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە ئەنە شۇنداق مەرھەمەت قىلىدۇ.

إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلَٰقٍ حِسَابِيَهۡ ﴿٢٠﴾ فَهُوَ فِي عِيشَةٖ رَّاضِيَةٖ ﴿٢١﴾ فِي
جَنَّةٍ عَالِيَةٖ ﴿٢٢﴾ قُطُوفُهَا دَانِيَةٞ ﴿٢٣﴾ كُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ هَنِيٓـَٔۢا بِمَآ أَسۡلَفۡتُمۡ
فِي ٱلۡأَيَّامِ ٱلۡخَالِيَةِ ﴿٢٤﴾ وَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِشِمَالِهِۦ فَيَقُولُ
يَٰلَيۡتَنِي لَمۡ أُوتَ كِتَٰبِيَهۡ ﴿٢٥﴾ وَلَمۡ أَدۡرِ مَا حِسَابِيَهۡ ﴿٢٦﴾ يَٰلَيۡتَهَا كَانَتِ
ٱلۡقَاضِيَةَ ﴿٢٧﴾ مَآ أَغۡنَىٰ عَنِّي مَالِيَهۡۜ ﴿٢٨﴾

***مەن ئۆزۈمدىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ① [19 ـ 20]. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ [21]. ئېسىل (ئالىي) جەننەتتە بولىدۇ② [22]. ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ③ [23]. (ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ④( [24]. نامە ـ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم: «كاشكى، نامە ـ ئەمەلىم ماڭا بېرىلمىگەن بولسىچۇ!⑤ [25]. ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم!⑥ [26] كاشكى،***

***ئۇنىڭ (يەنى ئۆلۈم) بىلەن ھەممە ئىشىم (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس بولۇپ) تۈگىگەن بولسىچۇ!⑦ [27]. مېنىڭ مال - مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى [28].***

① يەنى ئاخىرەتتە بولىدىغان ھېساب- كىتاب ۋە جازا-مۇكاپاتقا تولۇق ئىشەنگەن ئىدىم.

② يەنى جەننەتتە ھەر خىل دەرىجىلەر بار بولۇپ، ھەر دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدا ئۇزۇن مۇساپە بولىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇجاھىدلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «جەننەتتە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارغا تەييارلانغان يۈز دەرىجە بار، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 2790-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1884-ھەدىس)

③ ئۇنىڭ مېۋىلىرى ھەر كىم ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە يېقىن بولىدۇ. ﴿قُطُوفُ﴾ " قُطْفٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئېلىنغان ۋە ئۈزۈلگەن مېۋە دېگەن مەنىدە.

④ يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇنېمەتلەر سىلەر دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر.

⑤ چۈنكى نامە-ئەمەلنىڭ سول قولغا بېرىلىشى بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

⑥ يەنى ماڭا نامە-ئەمەلىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! كاشكى، ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! چۈنكى بارلىق ھېساب ئۇنىڭ ئارزۇسىغا زىت بولىدۇ.

⑦ يەنى ئۆلۈملا مېنىڭ ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرسىچۇ؟ مەن قايتا تىرىلدۈرۈلمىگەن بولسام، بۇ يامان كۈننى كۆرمىگەن بولاتتىم.

هَلَكَ عَنِّي سُلۡطَٰنِيَهۡ ﴿٢٩﴾ خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ ٱلۡجَحِيمَ صَلُّوهُ ﴿٣١﴾
ثُمَّ فِي سِلۡسِلَةٖ ذَرۡعُهَا سَبۡعُونَ ذِرَاعٗا فَٱسۡلُكُوهُ ﴿٣٢﴾ إِنَّهُۥ كَانَ لَا

يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٣٣﴾ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ﴿٣٤﴾ فَلَيْسَ
لَهُ ٱلْيَوْمَ هَٰهُنَا حَمِيمٌ ﴿٣٥﴾ وَلَا طَعَامٌ إِلَّا مِنْ غِسْلِينٍ ﴿٣٦﴾ لَّا يَأْكُلُهُۥٓ
إِلَّا ٱلْخَٰطِـُٔونَ ﴿٣٧﴾

***مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى»① دەپ كېتىدۇ [29]. (ئاللاھ پەرىشتىلەرگە ئەمر قىلىدۇ): «ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار! [30]، ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار② [31]، ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار③ [32]. چۈنكى ئۇ (مەندەك) ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى④ [33]. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمىغان ئىدى⑤ [34]. بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇ يەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان) بىرەر يېقىن دوست يوقتۇر [35]. ئۇنىڭغا يىرىڭ-زەرداپتىن باشقا تاماق يوقتۇر⑥ [36]. ئۇنى پەقەت گۇناھكارلارلا (يەنى كاپىرلارلا) يەيدۇ»⑦ [37].***

① يەنى ماڭا مېنىڭ مال-مۈلۈكۈم ئەسقاتمىغاندەك، يۈز-ئابرۇيۇم، مەرتىۋەم، مەنسىپىم، ھوقۇقۇممۇ بۈگۈن ماڭا قىلچىمۇ ئەسقاتمىدى. بۈگۈن مەن ئۆزۈم يالغۇز قىلمىشلىرىمنىڭ ھېسابىنى بېرىپ، جازاسىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

② ئاللاھ تائالا دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە شۇنداق ئەمر قىلىدۇ.

③ بۇ يەردىكى «گەز»نىڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى زادى قانچىلىك؟ بۇنى ئېنىق ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ ئايەتتىن زەنجىرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 گەز ئىكەنلىكىنىلا بىلەلەيمىز.

④ بۇ يەردە مەزكۇر ئازابنىڭ سەۋەبى ياكى گۇناھكارنىڭ قىلمىشى بايان قىلىندى.

⑤ يەنى ئۇ تائەت-ئىبادەتتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايتتى ۋە بەندىلەرنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى ھەقلىرىنىمۇ ئادا قىلمايتتى. بۇ يەردە مۇئمىنلەردىكى ئومۇمىي سۈپەت بايان قىلىندىكى،

ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ۋە بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئوخشاش ئادا قىلىدۇ.

⑥ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ «تاماق» جەھەننەمدىكى بىر دەرەختىن چىقىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ دوزىخىلارنىڭ جىسىملىرىدىن ئېقىپ چىققان بەدبۇي قان ـ يىرىڭدىن ئىبارەت. بەزىلەر: زەققۇم بۇ يەردە ﴿غِسۡلِينٍ﴾ دەپ ئاتالغان، دەيدۇ. (ئاللاھ بىزنى دوزاختىن ساقلىسۇن)

⑦ ﴿الۡخَٰطِـُٔونَ﴾ «گۇناھكارلار» دېگەندىن كاپىر ۋە مۇشرىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرگەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، دەل مۇشۇنداق گۇناھلار دوزاخقا كىرىشكە ۋە ئۇ يەردە ھەمىشە قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَا تُبۡصِرُونَ ﴿٣٨﴾ وَمَا لَا تُبۡصِرُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ
رَسُولٖ كَرِيمٖ ﴿٤٠﴾ وَمَا هُوَ بِقَوۡلِ شَاعِرٖۚ قَلِيلٗا مَّا تُؤۡمِنُونَ ﴿٤١﴾ وَلَا
بِقَوۡلِ كَاهِنٖۚ قَلِيلٗا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٤٢﴾ تَنزِيلٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٣﴾
وَلَوۡ تَقَوَّلَ عَلَيۡنَا بَعۡضَ ٱلۡأَقَاوِيلِ ﴿٤٤﴾ لَأَخَذۡنَا مِنۡهُ بِٱلۡيَمِينِ ﴿٤٥﴾

*مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەر بىلەن ۋە سىلەر كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى①، (يەنى بارلىق مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى) [39 ـ 38]. شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ئەلۋەتتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (رەببىدىن يەتكۈزگەن) سۆزىدۇر② [40]. ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر③، سىلەر (ئۇنىڭغا) ئانچە ئىشەنمەيسىلەر [41]. ئۇ كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەستۇر④، سىلەر (ئۇنىڭدىن) بەك ئاز نەسىھەت ئالىسىلەر⑤ [42]. (ئۇ) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر⑥ [43]. ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) بىزنىڭ نامىمىزدىن ئازغىنە سۆزنى يالغاندىن توقۇغان بولسا⑦ [44]، ئەلۋەتتە ئۇنى ئوڭ قول (يەنى قۇدرىتىمىز) بىلەن جازالايتتۇق⑧ [45].*

① يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان ۋە ئۆزىنىڭ زاتىغا ۋە قۇدرىتىگە

دالالەت قىلىدىغان بارلىق مەخلۇقاتلىرى بىلەن، مەيلى ئۇ بىز كۆرەلەيدىغان ياكى كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەر بولسۇن، شۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قەسەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. (ئاللاھ خالىغان مەخلۇق بىلەن قەسەم قىلالايدۇ. بەندىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ نامى بىلەنلا قەسەم قىلسا بولىدۇ) ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئىبارە مەزكۇر قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر.

② «ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر» دېگەندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿قَوۡلُ﴾ «سۆز» دېگەندىن تىلاۋەت يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلاۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن بىزگە يەتكۈزگەن سۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى جىبرىلنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، پەرىشتە ئارقىلىق پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن، پەيغەمبەر ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزگەن.

③ ئۇ سىلەر ئېيتقاندەك شائىرنىڭ سۆزى ئەمەس. بۇ شېئىرنىڭ بىر تۈرىمۇ ئەمەس ياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىمۇ ئەمەس تۇرسا، قانداقمۇ بىرەر شائىرنىڭ سۆزى بولسۇن؟

④ بەزىدە سىلەر شۇنداق دەۋامۇ قىلىسىلەر. ۋەھالەنكى، كاھىنلىق دېگەن باشقا بىر نەرسىدۇر.

⑤ بۇ يەردىكى «ئاز» دېگەن سۆز ھەر ئىككى قېتىم مەنپىي مەنىدە كەلگەن. يەنى سىلەر قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر، نە ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالمايسىلەر.

⑥ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆز ھەقىقەتتە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ چۈشۈرگەن سۆزى تۇرسا، سىلەر ئۇنى بىر دەم شېئىر، بىر دەم كاھىننىڭ سۆزى دەپ ئىنكار قىلامسىلەر؟

⑦ يەنى ئەگەر مۇھەممەد بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنى بىزگە مەنسۇپ قىلسا، ئەمرىمىزگە بىر نەرسە قېتىپ قويسا ياكى بىر نەرسىنى كېمەيتىپ قويسا، بىز ئۇنى دەرھال جازالايتتۇق، ھەرگىز بوش قويمايتتۇق. كېيىنكى ئايەتتە بۇ نۇقتا بايان قىلىندى.

⑧ ﴿بِٱلۡيَمِينِ﴾ نىڭ مەنىسى «ئوڭ قول بىلەن» دېمەكتۇر. چۈنكى، ئوڭ قول بىلەن جازالاش تېخىمۇ شىددەتلىك ۋە قاتتىق بولىدۇ. ھەدىستە

بايان قىلىنىشىچە: «ئاللاھ تائالانىڭ ھەر ئىككىلا قولى ئوڭ قولدۇر». (سەھىھ مۇسلىم 1827 ـ ھەدىس)

ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ ٱلْوَتِينَ ﴿٤٦﴾ فَمَا مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ عَنْهُ
حَٰجِزِينَ ﴿٤٧﴾ وَإِنَّهُۥ لَتَذْكِرَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾ وَإِنَّا لَنَعْلَمُ أَنَّ مِنكُم
مُّكَذِّبِينَ ﴿٤٩﴾ وَإِنَّهُۥ لَحَسْرَةٌ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٥٠﴾ وَإِنَّهُۥ لَحَقُّ ٱلْيَقِينِ ﴿٥١﴾
فَسَبِّحْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلْعَظِيمِ ﴿٥٢﴾

*ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى (ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى) كېسىپ تاشلايتتۇق① [46]. سىلەردىن ھېچكىم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى② [47]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ (قۇرئان) تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر③ [48]. شەكسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (قۇرئان ئايەتلىرى شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلىمىز [49]. شەكسىزكى، بۇ (قۇرئاننى ئىنكار قىلىش) كاپىرلار ئۈچۈن (ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابىنى ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئازابىنى كۆرگەن چاغدا) ئەلۋەتتە ھەسرەت ـ نادامەتتۇر④ [50]. مۇقەررەركى، قۇرئان شەكسىز ھەقىقەتتۇر⑤ [51]. سەن ئۇلۇغ رەببىڭنى (بارچە نۇقساندىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن⑥ [52].*

① ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ جازا پەقەتلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا بايان قىلىنغاندۇر، بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇنىڭ راستچىللىقىنى ئىزھار قىلىشتۇر. بۇ يەردە ھەرگىزمۇ، كىمكى يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىكەن، ئۇنى دەرھال جازالايمىز دېگەن جازا قانۇنى بايان قىلىنمىدى. شۇ ۋەجىدىن دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلارنى دەۋاسىدا راستچىل ئىكەن دەپ قاراشقا بولمايدۇ. تارىختىي ۋەقەلەردىنمۇ كۆپلىگەن يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلارنى ئاللاھ تائالا دەرھال جازالىمىغان. ئۇلار ئومۇمەن دۇنيادا جازالىنىشتىن ئامان قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بۇنى جازا قانۇنى دەپ تونۇۋالساق، يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى

قىلغانلارنى، دەرھال جازالانمىغانلىقىغا قاراپ، «راست پەيغەمبەر» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىپ قالىدۇ.

② بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ راست ئەلچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنى جازالىمىغان، بەلكى ئۇنى مۆجىزىلەر ۋە دەلىللەر بىلەن كۈچلەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خاس ياردىمى ۋە نۇسرىتىنى ئاتا قىلغان.

③ چۈنكى پەقەت شۇلارلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. بولمىسا، ئەسلىدە قۇرئان پۈتۈن ئىنسانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ چۈشۈرۈلگەندۇر.

④ يەنى قىيامەت كۈنى كاپىرلار دۇنيادا قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇلار: كاشكى، قۇرئاننى ئىنكار قىلمىغان بولساقچۇ! دەيدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئۇلار قىيامەت كۈنى مۆئمىنلەرگە قۇرئان (ئوقۇغاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلغان) نىڭ مۇكاپاتى بېرىلگەننى كۆرگەندە، قۇرئان ئۇلارنىڭ ھەسرەت چېكىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

⑤ يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىدە قىلچە شەك يوقتۇر، ھەتتا شەك قىلىشقا ئورۇنمۇ يوقتۇر. يەنە بىر مەنىسى، قۇرئاندا ئاخىرەت توغرىسىدا بېرىلگەن خەۋەرلەر تامامەن راست ۋە ھەقتۇر.

⑥ ئۇ زات قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كىتابنى چۈشۈرگەندۇر.

# سۈرە مەئارىج

| (٧٠) سورة المعارج مكية ٤٤ آية | (70) سۈرە مەئارىج مەككىدە چۈشكەن 44 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سَأَلَ سَآئِلُۢ بِعَذَابٍ وَاقِعٍ ۝١ لِّلۡكَٰفِرِينَ لَيۡسَ لَهُۥ دَافِعٞ ۝٢ مِّنَ
ٱللَّهِ ذِي ٱلۡمَعَارِجِ ۝٣ تَعۡرُجُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ إِلَيۡهِ فِي يَوۡمٖ كَانَ
مِقۡدَارُهُۥ خَمۡسِينَ أَلۡفَ سَنَةٖ ۝٤

***(كاپىرلاردىن) بىرەيلەن① ئۆرلەش يوللىرىنىڭ ئىگىسى② بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن كاپىرلارغا چوقۇم چۈشىدىغان، ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىغان بىر ئازابنى تەلەپ قىلدى [3 ـ 1]. پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىل)③ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان بىر كۈندە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلەيدۇ④ [4].***

① رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە بۇنى دېگۈچى نەزر ئىبنى ھارىس ياكى ئەبۇ جەھىل ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!﴾. (سۈرە ئەنفال 32-ئايەت) نەتىجىدە بۇ ئادەم

بەدىر غازىتىدا ئۆلتۈرۈلدى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇيەردە كۆزدە تۇتۇلغان ئازاب تەلەپ قىلغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، مەككە ئەھلىگە بەتدۇئا قىلغان ئىدى، نەتىجىدە ئۇلار قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق بالاسىغا مۇپتىلا قىلىندى.

② ئاللاھ يۈكسەك دەرىجە ۋە ئۈستۈنلۈك ئىگىسىدۇر. پەرىشتىلەر شۇ زات تەرەپكە ئۆرلەيدۇ.

③ بۇ يەردىكى «روھ» دېگەن سۆزدە كۆزدە تۇتۇلغىنى جىبرىل ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ پەرىشتىلەردىن بىر پەرىشتە بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. ياكى بەزى رىۋايەتلەردىكىدەك روھتىن ئىنسانلارنىڭ روھى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ روھى ئۇلار جان ئۈزگەندىن كېيىن ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ .

④ ئۇ كۈننى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مۇپەسسىرلەر ئارىسىدا كۆپ ئىختىلاپ بار، بۇ ئىختىلاپلار سۈرە سەجدىنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ توغرىدا 4 رىۋايەتنى نەقىل قىلىدۇ، بىرىنچى: بۇ يەردىكى ئۇزۇنلۇقتىن ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئەرشىدىن زېمىننىڭ يەتتىنچى قېتىغىچە بولغان مۇساپە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن 50 مىڭ يىل سەپەر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى: بۇنىڭدىن كائىناتنىڭ ئۆمرىنىڭ مۇددىتى يەنى دەسلەپكى يارىتىلىشتىن تاكى قىيامەتكىچە بولىدىغان مۇددەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، قانچىلىك ۋاقىت قالدى، بۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۈچىنچى: بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپىنى كۆرسىتىدۇ. تۆتىنچى: بۇ قىيامەت كۈنىنىڭ مۇددىتىنى كۆرسىتىدۇ يەنى بۇ كۈن كاپىرلار ئۈچۈن 50 مىڭ يىلدەك ئۇزۇن ۋە ئېغىر بولىدۇ، لېكىن مۇئمىنلەر ئۈچۈن بىر ۋاخ پەرز نامازنى ئوقۇغۇچىلىك مۇددەتتىنمۇ ئاز بولىدۇ. (مۇسنەد ئەھمەد 3-توم، 75-بەت) ئىمام ئىبنى كەسىرمۇ مۇشۇ سۆزنى كۈچلۈك دەپ قارايدۇ. چۈنكى ھەدىسلەرمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات بەرمىگەنلەرگە قىيامەت كۈنى بېرىلىدىغان ئازابنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەتتا ئاللاھ بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، بىر ئادەم جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولنى كۆرگەنگە قەدەر، سىلەرنىڭ ھېسابىڭلار بويىچە ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان ئەنە

شۇ كۈندە ئۇنىڭغا بولغان ئازاب مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 987-ھەدىس) بۇ تەپسىرگە ئاساسەن «ئۇ كۈندە» دېگەن سۆز يۇقىرىدىكى «ئازاب» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، مەنىسى، بۇ چوقۇم چۈشۈرۈلىدىغان ئازابنىڭ ۋاقتى قىيامەت كۈنى بولىدۇ، بۇ ئازاب كاپىرلار ئۈچۈن 50 مىڭ يىلدەك ئېغىر بولىدۇ.

فَٱصۡبِرۡ صَبۡرٗا جَمِيلًا ﴿٥﴾ إِنَّهُمۡ يَرَوۡنَهُۥ بَعِيدٗا ﴿٦﴾ وَنَرَىٰهُ قَرِيبٗا ﴿٧﴾
يَوۡمَ تَكُونُ ٱلسَّمَآءُ كَٱلۡمُهۡلِ ﴿٨﴾ وَتَكُونُ ٱلۡجِبَالُ كَٱلۡعِهۡنِ ﴿٩﴾ وَلَا
يَسۡـَٔلُ حَمِيمٌ حَمِيمٗا ﴿١٠﴾ يُبَصَّرُونَهُمۡۚ يَوَدُّ ٱلۡمُجۡرِمُ لَوۡ يَفۡتَدِي مِنۡ
عَذَابِ يَوۡمِئِذِۭ بِبَنِيهِ ﴿١١﴾ وَصَٰحِبَتِهِۦ وَأَخِيهِ ﴿١٢﴾ وَفَصِيلَتِهِ ٱلَّتِي
تُـٔۡوِيهِ ﴿١٣﴾ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا ثُمَّ يُنجِيهِ ﴿١٤﴾ كَلَّآۖ إِنَّهَا لَظَىٰ ﴿١٥﴾
نَزَّاعَةٗ لِّلشَّوَىٰ ﴿١٦﴾ تَدۡعُواْ مَنۡ أَدۡبَرَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٧﴾ وَجَمَعَ فَأَوۡعَىٰٓ ﴿١٨﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) سەن چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن [5]. كاپىرلار ئۇ ئازابنى يىراق (يەنى كەلمەيدۇ) دەپ قارايدۇ [6]. بىز بولساق ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز① [7]. ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ [8]. تاغلار (ئېتىلغان) رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ② [9]. (ئۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) دوست دوستىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق (بىر-بىرىدىن ھال-ئەھۋال) سورىمايدۇ③. گۇناھكار ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم-قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى تۆلەپ بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ④ [14-10]. بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ (دوزاخ) ئەلۋەتتە يالقۇنجاپ كۆيىدىغان ئوتتۇر⑤ [15]. (ئۇنىڭ ھارارىتى) باشنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ⑥ [16]. ئۇ (ئوت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتقان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ۋە پۇل-مال يىغىپ (ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەي) ساقلىغان كىشىلەرنى چاقىرىدۇ⑦ [18-17].*

① «يىراق» دېگەندىن مۇمكىن بولمايدىغان، «يېقىن» دېگەندىن چوقۇم يۈز بېرىدىغان ۋەقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى كاپىرلار قىيامەتنىڭ بولۇشىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراپ، يىراق سانايدۇ. مۇسۇلمانلار بولسا ئۇنى يېقىن ۋە چوقۇم بولىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق كېلىدىغان نەرسە يېقىندۇر.

② يەنى سۈرە قارىئەدە تەسۋىرلەنگەندەك ﴿كَالْعِهْنِ الْمَنْفُوْشِ﴾ «تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك» بولۇپ كېتىدۇ.

③ دېمەك، ھەممە كىشى ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىر-بىرىنى تونىسمۇ، ھال-ئەھۋال سورالشمايدۇ.

④ يەنى ئىنسان ئۇچۇن ئەۋلادى، ئايالى، قېرىنداشلىرى ۋە ئائىلىسى ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. لېكىن قىيامەت كۈنى گۇناھكار ئادەم ئۆزىگە قىممەتلىك بولغانلارنىڭ ھەممىنى فىديە بەرسە، ئۇ فىديە ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن قوبۇل قىلىنىسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. ﴿فَصِيْلَتِهِ﴾ ئىنساننى قانات ئاستىغا ئالىدىغان ئائىلىسى ۋە جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ يەنى ئۇ بولسا دوزاختۇر. يەنى بۇ گۇناھكار كاپىر مۇنداق ئارزۇدىن يانسۇن، يىدا قىلىنغان ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا دوزاخ ئوتى يېنىپ تۇرىدۇ. تۇۋەندە دوزاخ ئوتىنىڭ ھارارىتى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

⑥ يەنى دوزاخنىڭ ھارارىتى گۆشنى ۋە تېرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئىنساننىڭ ئۇستىخىنىدىن ئىبارەت ئىسكىلىتىلا قالىدۇ.

⑦ يەنى بۇلار دۇنيادىكى چاغدا ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ، كۇفرى يولىدا ماڭغان، پۇل - مال يىغىپ، خەزىنىلىرىدە ساقلىغان، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ يولىغا سەرپ قىلمىغان ۋە مىسكىنلەرگە زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى دوزاخقا سۆزلەش ئىقتىدارى ئاتا قىلىدۇ. قىلمىشلىرى تۇپەيلىدىن دوزاخقا مەھكۇم بولغان كىشىلەرنى دوزاخ ئۆزى تەرەپكە چاقىرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئەسلىدە چاقىرغۇچىلار پەرىشتىلەر بولۇپ، بۇ يەردە چاقىرىش دوزاخقا مەنسۇپ قىلىنغان. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئۇلارنى ھېچكىم چاقىرمايدۇ. بۇ پەقەتلا شۇ كۈننىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەش ئۇچۇن كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر. مۇھىمى شۇنداق كىشىلەرنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ.

۞ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ خُلِقَ هَلُوعًا ﴿١٩﴾ إِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ جَزُوعًا ﴿٢٠﴾ وَإِذَا
مَسَّهُ ٱلْخَيْرُ مَنُوعًا ﴿٢١﴾ إِلَّا ٱلْمُصَلِّينَ ﴿٢٢﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ
دَآئِمُونَ ﴿٢٣﴾ وَٱلَّذِينَ فِىٓ أَمْوَٰلِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ ﴿٢٤﴾ لِّلسَّآئِلِ
وَٱلْمَحْرُومِ ﴿٢٥﴾ وَٱلَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٢٦﴾ وَٱلَّذِينَ هُم مِّنْ
عَذَابِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ ﴿٢٧﴾ إِنَّ عَذَابَ رَبِّهِمْ غَيْرُ مَأْمُونٍ ﴿٢٨﴾
وَٱلَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَٰفِظُونَ ﴿٢٩﴾ إِلَّا عَلَىٰٓ أَزْوَٰجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ
أَيْمَٰنُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ﴿٣٠﴾ فَمَنِ ٱبْتَغَىٰ وَرَآءَ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلْعَادُونَ ﴿٣١﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِأَمَٰنَٰتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَٰعُونَ ﴿٣٢﴾ وَٱلَّذِينَ
هُم بِشَهَٰدَٰتِهِمْ قَآئِمُونَ ﴿٣٣﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ﴿٣٤﴾
أُو۟لَٰٓئِكَ فِى جَنَّٰتٍ مُّكْرَمُونَ ﴿٣٥﴾

*ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى① [19]. ئۆزىگە (يوقسۇزلۇق، كېسەللىك ياكى قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، بەكمۇ زارلانغۇچىدۇر [20]. بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر [21]. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر② [23 ـ 22]. ئۇلار پۇل ـ ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە (ئېيىپلىك بولغانلىقتىن) تىلىمەيدىغان③ پېقىرغا مۇئەييەن ھەق④ (يەنى زاكات) بېرىدۇ [24 ـ 25]. ئۇلار قىيامەت كۈنىگە چىن ئىشىنىدۇ⑤ [26]. ئۇلار رەببىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر⑥ [27]. چۈنكى، رەببىنىڭ ئازابى (ھېچكىم) خاتىرجەم بولالمايدىغان ئازابتۇر⑦ [28]. ئۇلار جىنسىي ئەزالىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر [29]. پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلىقىغا) مالامەت قىلىنمايدۇ⑧ [30]، كىمكى بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنى) ئىزدەيدىكەن، مۇنداقلار چەكتىن ئاشقۇچىلاردۇر [31]. ئۇلار (يەنى سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە*

*بەرگەن ۋەدىسىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر⑨ [32]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلغۇچىلاردۇر⑩ [33]. ئۇلار نامىزىنى ئەستايىدىل ئادا قىلغۇچىلاردۇر [34]. ئەنە شۇلار جەننەتلەردە ھۆرمەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [35].*

① ناھايىتى ھېرىسمەن ۋە قىزىققان ۋە قورقۇنچاق ئادەم ﴿هَلُوعٌ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تەرجىمىدە چىدامسىز دەپ ئېلىنغان. چۈنكى، شۇنداق ئادەم ھەقىقىي ھېرىسمەن، كۆپ ۋايسايدىغان، بېخىل، قىزىققان ۋە قورقۇنچاق كېلىدۇ. ئۇنىڭ سۈپەتلىرى كېيىنكى ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە بايان قىلىنىدۇ.

② بۇ يەردە مۇستەسنا قىلىنغان كىشىلەر تەۋھىد ئەھلى بولغان كامىل مۇئمىنلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ناچار ئەخلاقلار تېپىلمايدۇ. ئۇلار گۈزەل ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى بولىدۇ. «نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلار» يەنى ئۇلار نامازغا سۇسلۇق قىلمايدۇ. ھەر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ. ھەر قانچە زۆرۈر مەشغۇلىيەتمۇ ئۇلارنى نامازدىن توسۇپ قالالمايدۇ ۋە دۇنيانىڭ ھەر قانچە كۆپ مەنپەئەتمۇ ئۇلارنى نامازدىن غەپلەتتە قويالمايدۇ.

③ بۇ يەردە ﴿الْمَحْرُومِ﴾ دېگەن سۆز رىزىقتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان كىشىنى ۋە ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ئازاب ياكى ئاپەت تۈپەيلىدىن مال-مۈلۈكىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىنى ۋە ھاجەتمەن بولۇپ تۇرۇپمۇ ئۇياتچانلىق سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ زاكات ۋە سەدىقىلىرىنى ئالالمايدىغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

④ يەنى پەرز زاكاتنى بېرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ يەردىكى «مۇئەييەن ھەق» ئومۇمىي بولۇپ، پەرز زاكات ۋە نەپلە سەدىقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑤ ئۇلار ئۇ كۈننىڭ كېلىشىنى ئىنكارمۇ قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن قىلچە شەكمۇ قىلمايدۇ.

⑥ ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت ۋە بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ زاتىدىن قورقۇپ تىترەپ تۇرىدۇ. ئۇلار، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بولمىسا، بىزنىڭ بارلىق

ئەمەللىرىمىز ئازابتىن قۇتۇلۇشىمىزغا يەتمەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ توغرىدىكى ھەدىس ئىلگىرى بايان قىلىندى.

⑦ بۇ بۇرۇنقى ماۋزۇنىڭ تەكىتلەنمىسىدۇركى، ھېچكىم ئاللاھنىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم ئولتۇرماسلىقى، بەلكى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭدىن قورقۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تەدبىر قوللىنىپ، ياخشى ئەمەللەرنى داۋام قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

⑧ يەنى ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ جىنسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى خىل قانۇنلۇق ۋاستىنى يولغا قويدى. بىرىنچىسى بولسا نىكاھلاپ ئالغان ئايالى، ئىككىنچىسى بولسا دېدەكتۇر. ھازىرقى زاماندا ئىسلام يولغا قويغان تەدبىرلەر نەتىجىسىدە دۇنيادا تەخمىنەن دېدەك قالمىدى. كېيىنچە شۇنداق ئەھۋاللار ۋۇجۇدقا كېلىپ قالسا، پايدىلىنىش ئۈچۈن قانۇن نۇقتىسىدىن ئۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر ھالدا مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا توغرا، قانۇنلۇق ۋە ھالال يولنىلا تاللايدۇ.

⑨ يەنى ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە قويغان ئامانەتلىرىگە ھەرگىز خىيانەت قىلمايدۇ ۋە باشقىلارغا قىلغان ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا تولۇق ۋاپا قىلىدۇ.

⑩ يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بەرگەندە، يېقىن تۇغقانلىرىغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، پەرۋا قىلماستىن، توغرا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ھەقىقەتنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمەيدۇ، گۇۋاھلىقتا ھېچ نەرسىنى يوشۇرماستىن تولۇق بايان قىلىدۇ.

فَمَالِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ قِبَلَكَ مُهۡطِعِينَ ﴿٣٦﴾ عَنِ ٱلۡيَمِينِ وَعَنِ
ٱلشِّمَالِ عِزِينَ ﴿٣٧﴾ أَيَطۡمَعُ كُلُّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُمۡ أَن يُدۡخَلَ جَنَّةَ
نَعِيمٖ ﴿٣٨﴾ كَلَّآۖ إِنَّا خَلَقۡنَٰهُم مِّمَّا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٩﴾ فَلَآ أُقۡسِمُ بِرَبِّ
ٱلۡمَشَٰرِقِ وَٱلۡمَغَٰرِبِ إِنَّا لَقَٰدِرُونَ ﴿٤٠﴾ عَلَىٰٓ أَن نُّبَدِّلَ خَيۡرٗا مِّنۡهُمۡ

وَمَا نَحْنُ بِمَسْبُوقِينَ ﴿٤١﴾ فَذَرْهُمْ يَخُوضُواْ وَيَلْعَبُواْ حَتَّىٰ يُلَٰقُواْ
يَوْمَهُمُ ٱلَّذِى يُوعَدُونَ ﴿٤٢﴾

*(ئى پەيغەمبەر) كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن، ئۇلار سەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، ئوڭ ـ سول تەرىپىڭدە توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ① [37 ـ 36]. ئۇلارنىڭ ھەربىرى تېخى نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى تەمە قىلىۋاتامدۇ؟ [38] ئىش ھەرگىز ئۇلار تەمە قىلغاندەك ئەمەس② (يەنى ئۇلار جەننەتكە مەڭگۈ كىرەلمەيدۇ). شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلىدىغان نەرسىدىن (مەنىيدىن) ياراتتۇق (شۇڭا ئۇلارنىڭ چوڭلۇق قىلىش ھەققى يوق)③ [39]. مەشرىقلەرنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ رەببى (بولغان ئاللاھنىڭ) نامى بىلەن قەسەمكى④، بىز ئۇلارنى ئۆزلىرىدىن ياخشىراق كىشىلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ ئورنىغا ئۇلاردىن ئارتۇق ۋە ئاللاھقا ئىتائەتچان بىر قەۋمنى كەلتۈرۈشكە) ئەلۋەتتە قادىرمىز⑤، بىز (ھەرگىز) ئاجىز ئەمەسمىز⑥ [41 ـ 40]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ۋەدە قىلىنغان (قىيامەت) كۈنگە ئۇچراشقانغا قەدەر (باتىلغا) چۆمۈپ، ئويناپ تۇرسۇن⑦ [42].*

① بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان سورۇنغا يۈگۈرۈشۈپ كېلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئەمەل قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ، تارقىلىپ كېتىشەتتى. ئۇلار: «ئەگەر مۇسۇلمانلار جەننەتكە كىرىدىغان بولسا، بىز ئۇلاردىن بۇرۇن كىرىمىز» دەپ دەۋا قىلىشاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قۇرۇق دەۋاسىغا كېيىنكى ئايەتتە رەددىيە بەردى.

② يەنى كاپىرنىڭ مۇسۇلمان بىلەن بىللە جەننەتكە كىرىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە قانداقمۇ ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئوخشاش بېرىلسۇن؟ بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

③ يەنى ﴿مَّآءٍ مَّهِينٍ﴾ ئەرزىمەس مەنىيدىن ياراتتۇق. ئىنسانىنىڭ ئەسلى بۇنداقكەن، ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق قىلىش يارىشامدۇ؟ ئۇ دەل مۇشۇ تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

④ ھەر كۈنى ئەتىگەندە قۇياش باشقا بىر مەشرىقتىن چىقىدۇ ۋە ھەر ئاخشىمى باشقا بىر مەغرىبكە پاتىدۇ. بۇنداقتا كۈن چىقىدىغان مەشرىقلەرمۇ كۆپ ۋە كۈن پاتىدىغان مەغرىبلەرمۇ شۇنداق كۆپ بولغان بولىدۇ. (گەرچە قۇياش بىزگە ھەر كۈنى شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتقاندەك، ئوخشاش بىر ئورۇندىن كۆتۈرۈلۈپ يەنە ئوخشاش بىر ئورۇنغا پاتقاندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن قۇياشنىڭ ئەتىگەندە چىقىش ئورنى بىلەن كەچتە پېتىش ئورنى ھەر كۈنى سەل پەرقلىق بولىدۇ. دەل بۇ پەرق يەر شارىدا نۇرغۇنلىغان شەرق ۋە غەربلەرنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.-تەھرىردىن) بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە سافاتنىڭ 5-ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

⑤ يەنى بىز ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىپ تۈگىتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى مەخلۇقلارنى يەرلەشتۈرۈشكە تامامەن قادىرمىز.

⑥ ئۇنداق بولغان ئىكەن، بىز ئۇلارنى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈپ تۇرغۇزالماسمىزمۇ؟

⑦ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىكار ۋە بىھۇدە پاراڭلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرۈۋەرسۇن! سەن ئۆزۈڭنىڭ دەۋەت ۋە تەبلىغ ئىشلىرىڭنى داۋاملاشتۇرىۋەرگىن. ئۇلارنىڭ بۇنداق پوزىتسىيەسى سېنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەڭدىن غەپلەتتە قويمىسۇن ياكى ئىرادەڭنى سۇسلاشتۇرۇپ قويمىسۇن.

يَوۡمَ يَخۡرُجُونَ مِنَ ٱلۡأَجۡدَاثِ سِرَاعٗا كَأَنَّهُمۡ إِلَىٰ نُصُبٖ يُوفِضُونَ ﴿٤٣﴾
خَٰشِعَةً أَبۡصَٰرُهُمۡ تَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۚ ذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمُ ٱلَّذِي كَانُواْ يُوعَدُونَ ﴿٤٤﴾

***ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلەردىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (ھېساب مەيدانىغا) يۈگۈرىدۇ① [43]. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەرگە تىكىلىپ قالىدۇ②، ئۇلارنى***

*خورلۇق ئورىۋالىدۇ③ ، ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر④ [44].*

① ﴿اَجْدَاثِ﴾ " جَدَثٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قەبرە مەنىسىدە. ﴿نُصُبٍ﴾ بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ مال بوغۇزلىنىدىغان جاي دېگەن مەنىدە بولۇپ، تىكلەپ قويۇلغان بۇتلار دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە تىكلەپ قويۇلغان بۇتلار دېگەن مەنە ئېلىنغان. يەنى بۇتقا چوقۇنغۇچىلار ئەتىگەندە تىكلەپ قويۇلغان بۇتلار تەرەپكە يۈگۈرگەندەك، مەھشەر كۈنى ئۇلۇغ رەببى ئۇلارنى ھېساب بېرىشكە چاقىرغاندا، مەھشەرگاھقا شۇنداق يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى " عَلَمٌ " ئەلەم، بايراق مەنىسىدە ئالىدۇ. يەنى جەڭ مەيدانىدا ئەسكەرلەر بايراق تەرەپكە تېز يۈگۈرگەندەك، قىيامەت كۈنى ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن تېز سۈرئەتتە چىقىدۇ. ﴿يُوْفِضُوْنَ﴾ " يُسْرِعُوْنَ " تېز يۈگۈرەيدۇ، دېگەن مەنىدە.

② ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشلىرى مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، جىنايەتچىلەردەك كۆزلىرىنى يەرگە تىككەن، باشلىرىنى ساڭگىلاتقان ھالدا تۇرىدۇ.

③ يەنى ئۇلارنى خورلۇق ھەر تەرەپتىن قورشىۋالغان بولۇپ، چىرايلىرى قورقۇنچتىن قارىداپ كېتىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ۋە ساماۋىي كىتابلار ئارقىلىق ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر.

# سۈرە نۇھ

| (٧١) سورة نوح مكية ٢٨ آية | (71) سۈرە نۇھ مەككىدە چۈشكەن 28 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِنَّآ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦٓ أَنۡ أَنذِرۡ قَوۡمَكَ مِن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ١

***شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە①: «قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب (يەنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا توپان بالاسى، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى) كېلىشتىن بۇرۇن② ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن» دەپ ئەۋەتتۇق [1].***

① نۇھ ئەلەيھىسسالام ئالىي مەرتىۋىلىك پەيغەمبەرلەردىندۇر. سەھىھ مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىكى شاپائەت توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئۇ تۇنجى رەسۇل ھېسابلىنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ قەۋمى باشلىغان. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز قەۋمىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

② يەنى قىيامەت كۈنىدىكى ئازاب ياكى دۇنيادا ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتۇق. ئەمىلىيەتتە بۇ قەۋمگە

توپان بالاسى كەلدى.

قَالَ يَٰقَوۡمِ إِنِّي لَكُمۡ نَذِيرٞ مُّبِينٌ ۝٢ أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱتَّقُوهُ وَأَطِيعُونِ ۝٣ يَغۡفِرۡ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمۡ وَيُؤَخِّرۡكُمۡ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمًّىۚ إِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ إِذَا جَآءَ لَا يُؤَخَّرُۚ لَوۡ كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ۝٤ قَالَ رَبِّ إِنِّي دَعَوۡتُ قَوۡمِي لَيۡلٗا وَنَهَارٗا ۝٥

***نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! شەكسىزكى، مەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن① [2]. (مەن شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار②، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار③ ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار④ [3]. (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ بىر قىسىم گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىدۇ⑤ (يەنى ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئۇ ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ⑥، ئەگەر سىلەر (بۇ ھەقىقەتنى) بىلگەن بولساڭلار (تائەت ـ ئىبادەتكە ئالدىرىغان بولاتتىڭلار)⑦ [4]. نۇھ يەنە ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە ـ كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم⑧ [5].***

① ئەگەر سىلەر ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتساڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسەتكىلى كەلدىم. ئۇنىڭ بايانى تۆۋەندە كېلىدۇ.

② يەنى ئاللاھقا شېرىك قوشۇشنى تاشلاڭلار! پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار!

③ سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىبارەت قىلمىشلاردىن قول ئۈزۈڭلار.

④ مەن بۇيرۇغان ئىشلاردا ماڭا بويسۇنۇڭلار! چۈنكى، مەن سىلەرگە

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەلدىم.

⑤ يەنى ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتساڭلار، سىلەرگە كېلىشى مۇقەررەر بولغان ئەجەلنى كېچىكتۈرۈپ، سىلەرگە تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىدۇ ۋە ئىمان ئېيتمىغان تەقدىردە بېشىڭلارغا كېلىدىغان ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: شەكسىزكى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش ھەقىقەتەن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ. بۇ ھەقتە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلە-رەھىم قىلىش ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ». (سەھىھ جامى سەغىر 703-ھەدىس، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 537-ھەدىس) بەزى مۇپەسسىرلەر بۇيەردىكى «كېچىكتۈرىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسىنى، ئاللاھ ئۆمرۈڭلارغا بەرىكەت بېرىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. يەنى ئىمان ئېيتساڭلار ئۆمرۈڭلاردا بەرىكەت بولىدۇ. ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، ھاياتىڭلاردىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

⑥ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئازاب چوقۇم كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر كېچىكتۈرمەستىن ئىمان ۋە ئىتائەت يولىنى تاللىۋالساڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئەگەر كېچىكتۈرسەڭلار، ئاللاھ ۋەدە قىلغان ئازابقا دۇچار بولۇپ قالىسىلەر.

⑦ يەنى ئۇنىڭ كېچىكتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولساڭلار، مەن بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتىڭلار. يەنە بىر مەنىسى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىپ قالسا، قېچىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولساڭلار، مەن بۇيرۇغان ئىشلارنى كېچىكتۈرمەيتتىڭلار.

⑧ يەنى ئى رەببىم، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭنى ئىجرا قىلىشتا بوشاشماستىن كېچە-كۈندۈز قەۋمىمگە ئەمرىڭنى يەتكۈزدۈم.

فَلَمۡ يَزِدۡهُمۡ دُعَآءِيٓ إِلَّا فِرَارٗا ٦ وَإِنِّي كُلَّمَا دَعَوۡتُهُمۡ لِتَغۡفِرَ لَهُمۡ
جَعَلُوٓاْ أَصَٰبِعَهُمۡ فِيٓ ءَاذَانِهِمۡ وَٱسۡتَغۡشَوۡاْ ثِيَابَهُمۡ وَأَصَرُّواْ وَٱسۡتَكۡبَرُواْ
ٱسۡتِكۡبَارٗا ٧ ثُمَّ إِنِّي دَعَوۡتُهُمۡ جِهَارٗا ٨ ثُمَّ إِنِّيٓ أَعۡلَنتُ لَهُمۡ
وَأَسۡرَرۡتُ لَهُمۡ إِسۡرَارٗا ٩ فَقُلۡتُ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ إِنَّهُۥ كَانَ

غَفَّارًا ﴿١٠﴾ يُرۡسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡكُم مِّدۡرَارًا ﴿١١﴾

*(لېكىن) مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچىدىغان قىلىۋەتتى① [6]. مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام②، (ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى③، (ئاۋازىمنى ئاڭلىماسلىق ۋە مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى④، (كۇفرىدا) چىڭ تۇرىۋالدى⑤، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى⑥ [7]. ئاندىن مەن ئۇلارنى يۇقىرى ئاۋازدا دەۋەت قىلدىم [8]. ئاندىن ئۇلارنى ھەم ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم⑦ [9]. (ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار⑧، ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر⑨ [10]. (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ⑩ [11].*

① يەنى ئۇلار مېنىڭ دەۋىتىمنى ئاڭلاپ ئىماندىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. ئومۇمەن ئازغۇنلۇقتا ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان قەۋمنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلغانسېرى يىراققا قاچىدۇ.

② يەنى گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىمان ۋە ئىتائەت تەرەپكە چاقىرسام.

③ ئۇلار مەغپىرەتكە چاقىرغان ئاۋازىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى.

④ چىرايىمنى كۆرمەسلىك ۋە ئاۋازىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇلارنىڭ دەۋەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە ئۆزلىرىنى ۋەز-نەسىھەتكە بىھاجەت دەپ قارىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇلارنىڭ كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالغانلىقىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى تونۇۋالماسلىقى ۋە ئۇلارنى دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىيالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى، دەيدۇ.

⑤ يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالدى، ئۇنىڭدىن يانمىدى ھەم تەۋبە

قىلمىدى.

⑥ ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن ۋە بۇيرۇققا بويسۇنۇشتىن تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى.

⑦ يەنى ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا دەۋەت قىلدىم. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: مەن ئۇلارنى توپلانغان سورۇنلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك دەۋەت قىلدىم، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، بىر-بىرلەپ يەككە شەكىلدىمۇ دەۋەت قىلدىم، شۇ تەرىقىدە ئەمرىڭنى ئۇلارغا يەتكۈزدۈم.

⑧ يەنى ئىمان ۋە ئىتائەتنىڭ يولىنى تۇتۇڭلار ۋە بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن، رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار.

⑨ ئۇ زات ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

⑩ بەزى ئۆلىمالار مەزكۇر ئايەتلەرگە ئاساسەن يامغۇر تىلەش نامىزىدا سۈرە نۇھنى ئوقۇش مۇستەھەپ دەپ قارايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەينى زاماندا سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، ئاللاھ تائالادىن پەقەت مەغپىرەتلا تىلىگەن. يەنى ئۇ مەغپىرەت ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇپلا (بۇ ئايەتنىمۇ ئوقۇپ)، مۇنبەردىن چۈشكەن ۋە مۇنداق دېگەن: «مەن يامغۇرنى ئاسماندىكى زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرىلىدىغان يوللاردىن تەلەپ قىلدىم». (تەپسىر ئىبنى كەسىر) رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى ھەسەن بەسرىگە قۇرغاقچىلىقتىن شىكايەت قىلغاندا ئۇنى ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇغان. يەنە بىر كىشى كېلىپ نامراتچىلىق ۋە ئاچارچىلىقتىن شىكايەت قىلغاندا، ئۇنىمۇ ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇغان. يەنە بىر كىشى كېلىپ باغلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلغاندا، ئۇنىمۇ ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇغان. يەنە بىر كىشى كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەۋلادى يوقلۇقىدىن شىكايەت قىلغاندا، ئۇنىمۇ ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇغان. بۇلارنى ئاڭلىغان بىرسى ئۇنىڭدىن ھەر ئىشتا ئىستىغپارغىلا بۇيرۇشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ مۇشۇ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىپ، مۇنداق دېگەن: مەن بۇنى ئۆز تەرىپىمدىن دەۋالمىدىم، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا ئۆزى بۇيرۇغان ئۇسۇللاردۇر. (ئەيسەر تەپاسىر)

وَيُمْدِدْكُم بِأَمْوَٰلٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّٰتٍ وَيَجْعَل لَّكُمْ
أَنْهَٰرًا ﴿١٢﴾ مَّا لَكُمْ لَا تَرْجُونَ لِلَّهِ وَقَارًا ﴿١٣﴾ وَقَدْ خَلَقَكُمْ
أَطْوَارًا ﴿١٤﴾ أَلَمْ تَرَوْا۟ كَيْفَ خَلَقَ ٱللَّهُ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقًا ﴿١٥﴾
وَجَعَلَ ٱلْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ ٱلشَّمْسَ سِرَاجًا ﴿١٦﴾

***سىلەرنىڭ مال مۈلۈكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ① [12]. سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئەيمەنمەيسىلەر؟② [13] ھالبۇكى، ئاللاھ سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ياراتتى③ [14]. سىلەر ئاللاھنىڭ يەتتە ئاسماننى قەۋەت-قەۋەت قىلىپ قانداق ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟④ [15]. ئاللاھ ئاسمانلاردا ئاينى نۇر قىلدى⑤، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى⑥ [16].***

① يەنى سىلەر ئىمان ۋە ئىتائەتتىن پەقەت ئاخىرەتنىڭ نېمىتىگىلا ئېرىشمەيسىلەر، بەلكى دۇنيادىمۇ مۇكاپاتلىنىسىلەر يەنى مال-مۈلۈكۈڭلار ۋە ئەۋلادىڭلار كۆپ بولىدۇ.

② ﴿وَقَارًا﴾ دېگەن " تَوْقِيرٌ " دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ئۈمىد قىلىش، ئەيمىنىش ھەم قورقۇش ۋە ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر. يەنى ئۇ ھۆرمەتلىنىش ۋە ئۇلۇغلىنىشقا ھەقلىق زات تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەيمەنمەيسىلەر، قورقمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايسىلەر؟

③ يەنى ئاللاھ تائالا ئىنساننى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ، باشتا مەنىيدىن، ئاندىن ئۇيۇل قاندىن، ئاندىن بىر پارچە گۆش، ئاندىن سۆڭەك ۋە سۆڭەككە گۆش قوندۇرۇش قاتارلىق باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزۈپ ياراتتى. ئاخىرىدا ئۇنى مۇكەممەل ئىنسان شەكلىگە كىرگۈزدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەنبىيانىڭ 5-، مۇئمىنۇننىڭ 14-ۋە سۈرە غافىرنىڭ 27-ئايەتلىرىدە بايان قىلىندى.

④ بۇ ئاسمانلار ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدۇ ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا ئۇنىڭ زاتىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ لايىق

ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ يەنى ئاينى كېچىدە زېمىن ۋە زېمىن ئەھلى ئۈچۈن يورۇتقۇچى نۇر قىلدى. ھەمدە ئۇنى ئاسمانلارنىڭ زىننىتى قىلدى.

⑥ ئىنسانلار يورۇقلۇقتا ئىشلىشى ۋە كەسىپ-تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن كۈننى نۇر چاچقۇچى چىراق قىلدى. كۈننىڭ نۇرى زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇدات ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈردۇر.

وَٱللَّهُ أَنۢبَتَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ نَبَاتٗا ﴿١٧﴾ ثُمَّ يُعِيدُكُمۡ فِيهَا وَيُخۡرِجُكُمۡ
إِخۡرَاجٗا ﴿١٨﴾ وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ بِسَاطٗا ﴿١٩﴾ لِّتَسۡلُكُواْ مِنۡهَا
سُبُلٗا فِجَاجٗا ﴿٢٠﴾ قَالَ نُوحٞ رَّبِّ إِنَّهُمۡ عَصَوۡنِي وَٱتَّبَعُواْ مَن لَّمۡ
يَزِدۡهُ مَالُهُۥ وَوَلَدُهُۥٓ إِلَّا خَسَارٗا ﴿٢١﴾

*ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ئۆستۈردى (يەنى ئەسلىڭلارنى ـ ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتتى)① [17]. ئاندىن سىلەرنى (ئۆلگەندىن كېيىن) يەنە زېمىنغا قايتۇرىدۇ (يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر)، ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ② [18]. سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە كەڭ يوللاردا③ مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە يەر يۈزىنى بىسات قىلىپ (يېيىپ) بەردى»④ [20 ـ 19]. نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى⑤، پۇل ـ مېلى ۋە بالىچاقىلىرى ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىسىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى⑥ [21].*

① يەنى ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى. يەنە بىر مەنىسى: بۇ خىتاب پۈتۈن ئىنسانلارغا قارىتىلغان دەپ ئالغاندا، سىلەر يارىتىلغان مەنىي ئەسلىدە زېمىندا ئۆسكەن يېمەكلىكتىن كېلىدۇ، بۇ ئەھۋالدا سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلارنىڭ ئەسلي مەنبەسى زېمىندۇر، دېگەن بولىدۇ.

② يەنى ئاخىرى مۇشۇ زېمىنغا دەپنە قىلىنىسىلەر. قىيامەت كۈنى يەنە مۇشۇ زېمىندىن تىرىلدۈرۈلۈپ، يەر ئۈستىگە چىقىرىلىسىلەر.

③ ﴿سُبُلاً﴾ «يوللار» " سَبِيْلٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى. ﴿فِجَاجًا﴾ «كەڭرى، ئارىلىق» " فَجٌّ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ﴿سُبُلاً فِجَاجًا﴾ كەڭرى يوللار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ يەر ئۈستىدە بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە، بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ئاسان بارالىشى ئۈچۈن كەڭ-كەڭرى يوللارنى يارىتىپ بەردى. چۈنكى، يوللار ئىنسانلارنىڭ تىجارەت، سەپەر ۋە قاتناش ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈردۇر. بۇنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ناھايىتى چوڭ ئېھسان قىلغاندۇر.

④ يەنى سىلەر خۇددى ئۆيلىرىڭلاردىكى بىسات ئۈستىدە مېڭىپ، ئولتۇرۇپ-قوپقاندەك، يەر يۈزىدە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا زېمىننى سىلەرگە بىساتتەك تۈز يېيىپ بەردى.

⑤ يەنى ئۇلار ماڭا ئاسىيلىق قىلىشتا ھەددىدىن ئاشتى ۋە مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلمىدى.

⑥ يەنى ئۇلارنىڭ كىچىكلىرى بولسا، مال-مۈلكى ۋە ئەۋلادى ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كاتتىباشلىرىغا ۋە بايلىرىغا ئەگەشتى.

وَمَكَرُواْ مَكۡرٗا كُبَّارٗا ﴿٢٢﴾ وَقَالُواْ لَا تَذَرُنَّ ءَالِهَتَكُمۡ وَلَا تَذَرُنَّ وَدّٗا
وَلَا سُوَاعٗا وَلَا يَغُوثَ وَيَعُوقَ وَنَسۡرٗا ﴿٢٣﴾ وَقَدۡ أَضَلُّواْ كَثِيرٗاۖ وَلَا
تَزِدِ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا ضَلَٰلٗا ﴿٢٤﴾ مِّمَّا خَطِيٓـَٰٔتِهِمۡ أُغۡرِقُواْ فَأُدۡخِلُواْ نَارٗا
فَلَمۡ يَجِدُواْ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ أَنصَارٗا ﴿٢٥﴾

***ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار ئەگەشكۈچىلىرىگە) چوڭ ھىيلە-مىكىر ئىشلەتتى① [22]. ئۇلار: «مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تاشلىماڭلار، بولۇپمۇ ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر② قاتارلىق بۇتلىرىڭلارنى (ھەرگىز تاشلىماڭلار)» دېدى [23]. ئۇلار شۇنداق***

*قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى③ . (ئى رەببىم!) بۇ زالىملارغا پەقەت ئازغۇنلۇقنىلا زىيادە قىلغىن (يەنى بۇلارنى تېخىمۇ ئازغۇن قىلغىن)» [24]. ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىندى④ ، ئاندىن دوزاخقا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى تاپالمىدى [25].*

① بۇ قانداق ھىيلە-مىكىر ئىدى؟ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار بەزى ئادەملەرنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قۇتراتقان ئىدى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، كاتتىباشلىرىنىڭ مال مۈلۈكى ۋە ئەۋلادىنىڭ كۆپلۈكى بۇ قەۋمنى شۇ قەدەر ئالدىغانكى، ھەتتا بەزىلىرى مۇنداق دېيىشكەن: ئەگەر بۇ كاتتىباشلار ھەق ئۈستىدە بولمىغان بولسا، ئۇلارغا بۇ قەدەر نېمەتلەر بېرىلەرمىدى؟ بەزى مۇپەسسىرلەر، كاتتىباشلىرىنىڭ ئۇلارغا: «مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تاشلىماڭلار»، دېگەنلىكى ھىيلە-مىكىر ئىدى دەپ قارىسا، بەزىلەر، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ھەممىدىن چوڭ ھىيلە-مىكىر ئىدى، دەپ قارايدۇ.

② بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ چوقۇنغان بۇتلىرى بولۇپ، ئۇ بۇتلارنىڭ ناملىرى شۇ قەدەر مەشھۇر بولغانكى، ھەتتا ئەرەبلەرمۇ ئۇ بۇتلارغا چوقۇنۇپ يۈرگەن. «ۋەد» بولسا دۇۋمەتۇل جەندەل سېپىلىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان كەلب قەبىلىسىنىڭ چوقۇنىدىغان بۇتى. «سۇۋائ» بولسا دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان ھۇزەيل قەبىلىسىنىڭ چوقۇنىدىغان بۇتى. «يەغۇس» بولسا سەبەئ رايونىغا يېقىن «جوروب» دېگەن جايدىكى بەنى غۇتەيف قەبىلىسى ۋە مەراد قەبىلىسىنىڭ چوقۇنىدىغان بۇتى. «يەئۇق» بولسا ھەمەدان قەبىلىسىنىڭ بۇتى. «نەسر» بولسا كەلائ جەمەتىگە مەنسۇپ ھىمىيەر قەبىلىسىنىڭ چوقۇنىدىغان بۇتى بولغان. بۇناملار ئەسلىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىكى ياخشى ئادەملەرنىڭ ناملىرى ئىدى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، شەيتان ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە، ئاشۇ ياخشى ئادەملەرنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلەشنى ۋە بۇ ھەيكەللەرگە ئۇلارنىڭ ناملىرىنى قويۇپ، ئۆيلەرگە ۋە دۇكانلارغا ئېسىپ قويۇشنى، ئۇلارنى ئەسلەپ، خاتىرىلەپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. ئۇ زامانلاردا ھېچكىم بۇ ھەيكەللەرگە

چوقۇنمايتتى. بۇ ھەيكەللەرنى تىكلىگەنلەر ئۆلگەندىن كېيىن، شەيتان كېيىنكىلەرنى ئازدۇرۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە ۋەسۋەسە قىلدى. شەيتان ئۇلارغا: سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋاڭلار بۇ ھەيكەللەرگە چوقۇناتتى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ئۆيلەرگە ئېسىۋالغان ئىدى ۋە بۇ ھەيكەللەردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىلىشىنى تىلەيتتى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشقا باشلىدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4920-ھەدىس)

③ ﴿أَضَلُّوا۟﴾ «ئۇلار ئازدۇردى» بۇ پېئىلنىڭ ئىگىسى نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئىچىدىكى كاتتىباشلاردۇر. يەنى ئۇلار نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى. بۇنىڭ سەۋەبچىسى مەزكۇر بەش بۇت ئىدى. دېمەك، ئۇ بۇتلار نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامۇ دۇئاسىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئى رەببىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى﴾. (سۈرە ئىبراھىم 36-ئايەت)

④ يەنى گۇناھلىرى كۆپ بولغانلىقتىن توپان بالاسى بىلەن غەرق قىلىندى. (فەتھۇلقەدىر)

وَقَالَ نُوحٌ رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى ٱلْأَرْضِ مِنَ ٱلْكَٰفِرِينَ دَيَّارًا ﴿٢٦﴾ إِنَّكَ إِن تَذَرْهُمْ يُضِلُّوا۟ عِبَادَكَ وَلَا يَلِدُوٓا۟ إِلَّا فَاجِرًا كَفَّارًا ﴿٢٧﴾ رَّبِّ ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِىَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ ۖ وَلَا تَزِدِ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا تَبَارًۢا ﴿٢٨﴾

*نۇھ ئېيتتى: «ئى رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن① [26]. چۈنكى ئەگەر سەن ئۇلارنى ھايات قالدۇرساڭ، شەكسىزكى، ئۇلار بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پاسىق، ناھايىتى تۈزكور باللارنىلا يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ [27]. ئى رەببىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىمان ئېيتىپ كىرگەنلەرگە ۋە (بارلىق) مۇئمىن ئەرلەرگە، مۇئمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن②، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنىلا زىيادە قىلغىن»③ [28].*

① نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىرىنىڭ ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، بۇ بەددۇئانى قىلغان. ﴿نۇھقا (مۇنداق) ۋەھىي قىلىندى: «قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن قايغۇرمىغىن»﴾. (سۈرە ھۇد 36-ئايەت) ﴿دَيَّارًا﴾ نىڭ ئەسلى " فَيْعَالٌ " ۋەزنىدە كەلگەن " دَيْوَارٌ " بولۇپ، " و " ھەرپى " ي " ھەرپىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىككى " ي " بىرلەشتۈرۈلگەن. مەنىسى: دىياردا تۇرىدىغانلار، يەنى ئۇلاردىن ھېچكىمنى قالدۇرمىغىن، دېمەكتۇر.

② يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام كاپىرلارغا بەددۇئا قىلغان بولسا؛ ئۆزى ۋە مۇئمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلدى.

③ بۇ بەددۇئا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تا قىيامەت كۈنىگىچە دۇنياغا كېلىدىغان بارلىق زالىملار ئۈچۈندۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش مۇئمىنلەرگە قىلىنغان دۇئامۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تا قىيامەت كۈنىگىچە دۇنياغا كېلىدىغان بارلىق ئەر-ئايال مۇئمىنلەر ئۈچۈندۇر.

# سۈرە جىن

| (٧٢) سورة الجن مكية ٢٨ آية | (72) سۈرە جىن مەككىدە چۈشكەن 28 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قُلْ أُوحِيَ إِلَيَّ أَنَّهُ ٱسْتَمَعَ نَفَرٌ مِّنَ ٱلْجِنِّ

***(ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «بىر قانچە نەپەر جىننىڭ① (مېنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىمنى) ئاڭلاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيي قىلىندى،***

① بۇ ۋەقە سۈرە ئەھقاف 29-ئايەتنىڭ شەرھىسىدە بايان قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋادى نەخلە (خورما ۋادىسى) دېگەن يەردە ساھابىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بىر تۈركۈم جىنلار ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەن. بۇ ئايەتتە جىنلارنىڭ ئۇ يەردە قۇرئاننى ئاڭلىغانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەرسىز قالغانلىقى، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىۋاتىدۇ.

فَقَالُوٓاْ إِنَّا سَمِعْنَا قُرْءَانًا عَجَبًا ۝١ يَهْدِيٓ إِلَى ٱلرُّشْدِ فَـَٔامَنَّا بِهِۦۖ

وَلَن نُّشۡرِكَ بِرَبِّنَآ أَحَدٗا ۝٢ وَأَنَّهُۥ تَعَٰلَىٰ جَدُّ رَبِّنَا مَا ٱتَّخَذَ
صَٰحِبَةٗ وَلَا وَلَدٗا ۝٣ وَأَنَّهُۥ كَانَ يَقُولُ سَفِيهُنَا عَلَى ٱللَّهِ شَطَطٗا ۝٤

***ئۇلار (ئۆز قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن) مۇنداق دېدى: بىز ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدىغان① ئاجايىپ قۇرئاننى② ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق③، بىز (ئەمدى) رەببىمىزگە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز④ [2 ـ 1]. ھەقىقەت شۇكى، رەببىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ناھايىتى ئۈستۈندۇر، (ئېھتىياجى بولمىغاچ) ئايالى ياكى بالىسى يوقتۇر⑤ [3]. شەكسىزكى، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق (ئىبلىس) ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلاتتى⑥ [4].***

① بۇ يەردە قۇرئاننىڭ يەنە بىر سۈپىتى بايان قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، «توغرا يولغا باشلايدىغان» يەنى ھەقىقەتنى روشەن بايان قىلىدىغان ياكى ئاللاھنى تونۇتىدىغان قۇرئان، دېگەن سۈپەتتۇر.

② ﴿عَجَبًا﴾ بۇ سۆزنىڭ تومۇرى بولۇپ، مۇبالىغە دەرىجىدىكى سۈپەت بولۇپ كەلگەن. ياكى ئالدى قوشۇلغۇچىسى ئېلىۋېتىلگەن سۈپەت دەپ ئېلىنىشقىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: «ذَا عَجَبٍ» «ئەجەبلىنەرلىك» دېگەندەك. ياكى «مُعجِبًا» «ھەيران قالدۇرغۇچى» ئېنىقلىغۇچى ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن دەپ ئېلىنىشقىمۇ بولىدۇ. يەنى بىز پاساھەت جەھەتتە ھەيران قالدۇرغۇچى قۇرئاننى ئاڭلىدۇق. يەنى ئۇ ۋەز-نەسىھەت جەھەتتىن ياكى بەرىكەت جەھەتتىن ئىنتايىن ھەيران قالدۇرغۇچىدۇر. (فەتھۇلقەدىر)

③ بىز بۇ قۇرئاننى تىڭشاپ، ئۇنىڭ بىرەر مەخلۇقنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇق. بۇ ئايەتتىن كاپىرلارغا مالامەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەش چىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: جىنلار بولسا، قۇرئاننى بىر قېتىم ئاڭلاپلا ئىمان كەلتۈردى. بىر نەچچە ئايەتنى ئاڭلاش بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتى تامامەن ئۆزگەردى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئىنسان ئويدۇرۇپ چىقارغان سۆز ئەمەسلىكىنى تېزلا چۈشەندى. لېكىن، بىر قىسىم مەككە ئەھلى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى قۇرئاندىن ۋەز-نەسىھەت ئالمىدى، ۋەھالەنكى، ئۇلار قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن كۆپ قېتىم

ئاڭلىغان ئىدى. يەنە تېخى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ۋە شۇلارنىڭ تىلىدا ئۇلارغا قۇرئاننى ئوقۇپ ئاڭلاتقان ئىدى.

④ ئەمدى بىز رەببىمىزگە ھېچ نەرسىنى، نە ئۇنىڭ مەخلۇقلىرىنى، نە باشقا مەبۇدلارنى شېرىك قىلمايمىز، چۈنكى ئۇ روبوبىيەتتە، پەرۋەردىگارلىقتا يەككە-يېگانىدۇر.

⑤ ﴿جَدُّ﴾ ئۇلۇغ، بۈيۈك، كاتتا دېگەن مەنىدە. يەنى رەببىمىزنىڭ مەرتىۋىسى، شانۇ-شەۋكىتى خوتۇن ۋە بالىغا موھتاج بولۇشتىن ئۈستۈن ۋە پاكتۇر. بۇ يەردە جىنلار مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا خوتۇن ۋە بالا مەنسۇپ قىلىشىدىن ئىبارەت خاتالىقىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەردى. جىنلار ئاللاھنى شېرىكى يوق ۋە خوتۇن ۋە بالىدىن بىھاجەت ۋە پاك دەپ بىلدى ۋە ئۇلۇغلىدى.

⑥ بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿سَفِيهُنَا﴾ «بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق» شەيتاننى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر شۇ جىنلارنىڭ باشقا ھەمراھىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر بۇ سۆز ئاللاھنىڭ خوتۇنى ۋە بالىسى بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قانداق كىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. ﴿شَطَطًا﴾نىڭ بىر قانچە مەنىسى بار: زۇلۇم، يالغانچىلىق، باتىل، كۇفرىدا ئەزۋەيلەش قاتارلىقلار. بۇ يەردە توغرا يولدىن يىراقلاشماق ۋە ھەددىدىن ئاشماق دېگەن مەنىدە كەلگەن يەنى ئاللاھنىڭ خوتۇنى ۋە بالىسى بار دېيىش-توغرا يولدىن يىراقلاشقان، ھەددىدىن ئاشقان، يالغانچى، تۆھمەتخور ئەخمەقنىڭ سۆزىدۇر.

وَأَنَّا ظَنَنَّآ أَن لَّن تَقُولَ ٱلْإِنسُ وَٱلْجِنُّ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ﴿٥﴾ وَأَنَّهُۥ
كَانَ رِجَالٌ مِّنَ ٱلْإِنسِ يَعُوذُونَ بِرِجَالٍ مِّنَ ٱلْجِنِّ فَزَادُوهُمْ
رَهَقًا ﴿٦﴾ وَأَنَّهُمْ ظَنُّوا۟ كَمَا ظَنَنتُمْ أَن لَّن يَبْعَثَ ٱللَّهُ أَحَدًا ﴿٧﴾
وَأَنَّا لَمَسْنَا ٱلسَّمَآءَ فَوَجَدْنَٰهَا مُلِئَتْ حَرَسًا شَدِيدًا وَشُهُبًا ﴿٨﴾
وَأَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَٰعِدَ لِلسَّمْعِ ۖ فَمَن يَسْتَمِعِ ٱلْـَٔانَ يَجِدْ لَهُۥ
شِهَابًا رَّصَدًا ﴿٩﴾

*ھەقىقەتەن بىز ئىنسانلار ۋە جىنلار (ئارىسىدىن ھېچكىم) ئاللاھ نامىدىن ھەرگىز يالغاننى توقۇمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدۇق① [5]. شەكسىزكى، ئىنسانلار ئىچىدىكى بەزى ئەرلەر بەزى ئەركەك جىنلاردىن پاناھ تىلەيتتى②، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ جىنلارنىڭ سەركەشلىكىنى (ئازغۇنلۇقىنى، تەكەببۇرلىقىنى) تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى③ [6]. (ئى جىنلار!) شەكسىزكى، ئۇلارمۇ (يەنى ئىنسانلارنىڭ كاپىرلىرىمۇ) سىلەرگە ئوخشاش، ئاللاھ ھېچكىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمەيدۇ (ياكى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرمەيدۇ)، دەپ قارايتتى④ [7]. بىز ھەقىقەتەن (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا چىقىشقا ئۇرۇنغان ئىدۇق، ئاسماننىڭ (پەرىشتىلەردىن بولغان) كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر ۋە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق⑤ [8]. شەكسىزكى، بىز (ئىلگىرى) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا (خەۋەر) تىڭشاش ئۈچۈن ئولتۇراتتۇق⑥، ئەمدى كىمكى تىڭشاشقا ئورۇنىدىكەن، ئۇ (ئۆزىنى) كۆزلەپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا يولۇقىدۇ⑦ [9].*

① شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇلارغا ئىشىنىپ كەلگەن ۋە ئاللاھ تائالا توغرىسىدا ئەنە شۇنداق ئېتىقادتا بولۇپ كەلگەن ئىدۇق. بىز قۇرئاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىزگە ئۇ ئېتىقادنىڭ خاتالىقى ئايان بولدى.

② جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەر سەپەرگە چىقىپ، بىرەر جىلغىغا چۈشكەن بولسا، شۇ جىلغىدىكى جىنلاردىن خۇددى شۇ جايدىكى قەبىلە باشلىقلىرىدىن پاناھ تىلىگەندەك پاناھلىق تىلەيدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. ئىسلام دىنى بۇنى بىكار قىلىپ، پەقەت بىر ئاللاھتىنلا پاناھلىق تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇدى.

③ يەنى جىنلار ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن قورقۇپ پانا تىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى، تېخىمۇ سەركەش ۋە تەكەببۇر بولۇپ كەتتى. ﴿رَهَقًا﴾ بۇ يەردە ھەددىدىن ئاشماق، كۆرەڭلىمەك، سەركەشلىك، تەكەببۇرلۇق قىلماق دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ ئەسلي مەنىسى گۇناھ ۋە ھارام ئىشلارنى سادىر قىلماق، زۇلۇم قىلماق، ئۆكتەملىك قىلماق دېمەكتۇر.

④ ﴿يَبْعَثَ﴾ دېگەن پېئىل «تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئەۋەتىدۇ» دېگەن ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن يۇقىرىدىكى تەرجىمىدە ھەر ئىككى خىل مەنىسى ئېلىندى.

⑤ ﴿حَرَسًا﴾ ‹› حَارِسٌ ‹›نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مۇھاپىزەتچى، ساقلىغۇچى دېگەن مەنىدە. ﴿شُهُبًا﴾ " شِهَابٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، كۆيدۈرگۈچى ئوت يالقۇنى دېگەن مەنىدە. يەنى ئاسمانلاردا بولغان گەپ-سۆزلەرنى جىنلارنىڭ ئاڭلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، پەرىشتىلەر مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدۇ ۋە ئاسمانغا چىققان شەيتانلارغا يۇلتۇزلار كۆيدۈرگۈچى ئوت يالقۇنى بولۇپ ئېتىلىدۇ.

⑥ يەنى ئۇلار ئىلگىرى ئاسماندىن بەزى گەپلەرنى ئاڭلىۋېلىپ كاھىنلارغا يەتكۈزۈپ قوياتتى، كاھىنلار ئۇنىڭغا يۈز ھەسسە يالغاننى قوشاتتى.

⑦ ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلگەندىن باشلاپ ئۇنداق يوللار ئېتىۋېتىلدى. ھازىر ئوغۇرلۇقچە گەپ ئىڭشاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىققانلارنى مۇھاپىزەتچى يۇلتۇزلار قوغلاپ كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

وَأَنَّا لَا نَدْرِىٓ أَشَرٌّ أُرِيدَ بِمَن فِى ٱلْأَرْضِ أَمْ أَرَادَ بِهِمْ رَبُّهُمْ رَشَدًا ﴿١٠﴾
وَأَنَّا مِنَّا ٱلصَّٰلِحُونَ وَمِنَّا دُونَ ذَٰلِكَ ۖ كُنَّا طَرَآئِقَ قِدَدًا ﴿١١﴾ وَأَنَّا
ظَنَنَّآ أَن لَّن نُّعْجِزَ ٱللَّهَ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَن نُّعْجِزَهُۥ هَرَبًا ﴿١٢﴾ وَأَنَّا لَمَّا
سَمِعْنَا ٱلْهُدَىٰٓ ءَامَنَّا بِهِۦ ۖ فَمَن يُؤْمِنۢ بِرَبِّهِۦ فَلَا يَخَافُ بَخْسًا
وَلَا رَهَقًا ﴿١٣﴾ وَأَنَّا مِنَّا ٱلْمُسْلِمُونَ وَمِنَّا ٱلْقَٰسِطُونَ ۖ فَمَنْ أَسْلَمَ
فَأُو۟لَٰٓئِكَ تَحَرَّوْا۟ رَشَدًا ﴿١٤﴾ وَأَمَّا ٱلْقَٰسِطُونَ فَكَانُوا۟ لِجَهَنَّمَ حَطَبًا ﴿١٥﴾

***زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىندىمۇ ياكى رەببى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ ھەقىقەتەن بىز (جىنلار جامائەسى) ئۇنى بىلمەيمىز① [10]. شەكسىزكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار، بىز تۈرلۈك پىرقىلەرگە***

***بۆلۈنىدۇق② [11]. بىز جەزمەن ئىشەندۇقكى③، ئاللاھنى (ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن) ھەرگىز ئاجىز قىلالمايمىز (يەنى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشالمايمىز)، ئۇنىڭ (ئازابى)دىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز [12]. شەكسىزكى، بىز ھىدايەتنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىمان كەلتۈردۇق. كىمكى رەببىگە ئىمان ئېيتىدىكەن، نە (ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) كېمىيىپ كېتىشىدىن، نە (گۇناھلىرى كۆپەيتىلىپ) ئۇۋالچىلىققا ئۇچراشتىن ئەنسىرىمەيدۇ④ [13]. ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇسۇلمانلارمۇ ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار⑤. مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى نىشانلاپ ماڭغان بولىدۇ [14]. توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ»⑥ [15]***

① ئاسمانلارنى بۇ دەرىجىدە قوغداشتىن مەقسەت زېمىن ئەھلىگە بىرەر يامانلىق يەنى ئازاب نازىل قىلىشمىدۇ؟ ياكى بىرەر ياخشىلىق يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئىرادە قىلىندىمۇ؟ بىلمەيمىز.

② ﴿قِدَدًا﴾ بىر نەرسىنىڭ پارچىسى دېگەن مەنىدە. مەسىلەن: ‹› صَارَ الْقَوْمُ قِدَدًا ‹› دېسە، قەۋم پارچىلاندى، بۆلۈندى دېگەن بولىدۇ. يەنى بىز تۈرلۈك پىرقە ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتتۇق. بۇنىڭ مەنىسى جىنلاردىمۇ مۇسۇلمان، كاپىر، يەھۇدىي، خرىستىئان، مەجۇسىي قاتارلىق پىرقىلەر بار دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇلاردىمۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش قەدرىيە، مۇرجىئە ۋە رافىزە دېگەندەك پىرقىلەرمۇ بار، دەيدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ ﴿ظَنَّ﴾ دېگەن پېئىل باشقا ئايەتلەردە كەلگەندەك، بۇ يەردىمۇ جەزمەن بىلىش ۋە ئىشىنىش مەنىسىدە كەلگەن.

④ يەنى ئۇلاردا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنىڭ كەملەپ كېتىشىدىن ياكى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش بولمايدۇ.

⑤ يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگەنلەر مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئادالەتتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر. ﴿قَسِطُ﴾-زالىم، ئادالەتسىز. «مُقْسِطٌ «ئادىل دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز ئۈچ

ھەرپىلىك پىئىل ۋەزنىدە كەلسە، زالىم دىگەن مەنىنى، تۈت ھەرپىلىك پىئىل ۋەزنىدە كەلسە، ئادىل دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

⑥ بۇنىڭدىن جىنلارنىڭ ئىچىدىمۇ جەننەتكە كىرىدىغانلار ۋە دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلار دوزاخقا كىرىدۇ، مۇسۇلمان بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ. جىنلارنىڭ سۆزلىرى بايان قىلىنغان ئايەتلەر بۇ يەردە تۈگىدى. تۆۋەندىكىسى ئاللاھقا ئائىت سۆزلەردۇر.

① ﴿وَأَنْ لَّوِ اسْتَقَامُوْا﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى مەزكۇر ئىنسانلار ۋە جىنلار ئارىسىدىكى كاپىرلار) توغرا يولدا بولسا ئىدى...﴾ دىگەن ئىبارە سۈرىنىڭ بىشىدىكى ﴿أَنَّهُ اسْتَمَعَ نَفَرٌ مِّنَ الْجِنِّ﴾ ﴿بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (مېنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىمنى) ئاڭلاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيي قىلىندى﴾ دىگەن جۈملىگە باغلىنىدۇ. ﴿الطَّرِيْقَةِ﴾ دىگەندىن توغرا يول يەنى ئىسلام مەقسەت قىلىنىدۇ. ﴿غَدَقًا﴾ دىگەن كۆپ، مول دىگەن مەنىدە. «مول يامغۇر» دىگەن تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى كۆپ مال-دۇنيا بىرىپ، ئۇلارنى سىنايتتۇق. مەسىلەن: باشقا ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن. ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان-زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق﴾. (سۈرە ئەئراف 96-ئايەت) دەل مۇشۇ سۆز سۈرە مائىدەنىڭ 66-ئايىتىدە ئەھلى كىتاب توغرىسىدىمۇ دىيىلگەن . بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى قۇرەيشلەرگە ئاچارچىلىق يەتكەن يىلى چۈشكەن دەپ قارايدۇ. ﴿الطَّرِيْقَةِ﴾نىڭ يەنە بىر مەنىسى، گۇمراھلىق ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرى، دىگەن بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا باياشات تۇرمۇش تەدرىجىي ھالاك قىلىش ئۈچۈن بىرىلگەن بولىدۇ. خۇددى باشقا بىر ئايەتتە دىيىلگەندەك: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بىرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال-خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى﴾. (سۈرە ئەنئام 44-ئايەت). ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال-مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس﴾. (سۈرە

مۆئمىنۇن 55-، 56-ئايەتلەر) ﴿لِنَفْتِنَهُمْ﴾ «ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن» دېگەن ئىبارىگە بىنائەن، ئىمام ئىبنى كەسىر ئىككىنچى تەپسىرنى توغرا دەپ قارايدۇ، ئىمام شەۋكانى بىرىنچى تەپسىرنى بەكرەك توغرا دەپ قارايدۇ.

② ﴿صَعَدًا﴾ (أى عَذَابًا شَاقًّا شَدِيْدًا مُوْجِعًا مُؤْلِمًا) يەنى ناھايىتى قاتتىق مۇشەققەتلىك، دەرد-ئەلەملىك ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

③ ﴿مَسْجِدَ﴾ دېگەن ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى سەجدە قىلىدىغان ئورۇن دېمەكتۇر. سەجدە نامازنىڭ بىر رۇكنى (ئاساسى) بولغانلىقى ئۈچۈن، ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن مەسجىد دەپ ئاتالغان. مەسجىدلەرنىڭ يەقەتلا بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدە ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسجىدلەردە ئاللاھتىن باشقا بىرىگە ئىبادەت قىلىش، دۇئا قىلىش ۋەياكى باشقا بىرىدىن ياردەم سوراش جايىز ئەمەس. ئەسلىدە بۇ ئىشلار ھەر قانداق ئورۇندا مۇتلەق چەكلەنگەن بولۇپ، ھېچ يەردە ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن، بۇ يەردە مەسجىدلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت، مەسجىدلەر يەقەتلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەلگەن، بىنا قىلىنغان، بۇ يەردىمۇ ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىنسا، بۇ ناھايىتى قەبىھ ۋە زالىمانە بىر گۇناھ سادىر قىلىنغان بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

وَأَنَّهُۥ لَمَّا قَامَ عَبۡدُ ٱللَّهِ يَدۡعُوهُ كَادُواْ يَكُونُونَ عَلَيۡهِ لِبَدٗا ١٩
قُلۡ إِنَّمَآ أَدۡعُواْ رَبِّي وَلَآ أُشۡرِكُ بِهِۦٓ أَحَدٗا ٢٠ قُلۡ إِنِّي لَآ أَمۡلِكُ لَكُمۡ
ضَرّٗا وَلَا رَشَدٗا ٢١ قُلۡ إِنِّي لَن يُجِيرَنِي مِنَ ٱللَّهِ أَحَدٞ وَلَنۡ أَجِدَ مِن
دُونِهِۦ مُلۡتَحَدًا ٢٢ إِلَّا بَلَٰغٗا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِسَٰلَٰتِهِۦۚ وَمَن يَعۡصِ ٱللَّهَ
وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ٢٣ حَتَّىٰٓ إِذَا رَأَوۡاْ
مَا يُوعَدُونَ فَسَيَعۡلَمُونَ مَنۡ أَضۡعَفُ نَاصِرٗا وَأَقَلُّ عَدَدٗا ٢٤

***ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن (نامازغا) تۇرغاندا، جىنلار (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) ئۇلىشىپ كېلىپ، ئۇنى بېسۋېلىشقا تاس***

***قالدۇ① [19]. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن رەببىمگىلا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن»② [20]. ئېيتقىنكى، «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە ئىگە بولالمايمەن (بۇ ئىش پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر)»③ [21]. ئېيتقىنكى، «(ئەگەر مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام) شەكسىزكى، مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ④، ئاللاھتىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن (ئىش شۇنداق تۇرسا، مەن سىلەرنىڭ تەلپىڭلارنى قانداق قوبۇل قىلالايمەن؟) [22]. مەن پەقەت (سىلەرگە) ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ۋە ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكىلا ئىگىمەن (مەسئۇلمەن)⑤، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنمەيدىكەن، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن)، شەكسىزكى، ئۇنىڭغا مەڭگۈ قالىدىغان دوزاخ ئوتى بار [23]. ئۇلار (يەنى كاپىرلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا⑥، كىمنىڭ ياردەمچىسى ئاجىز ۋە سانى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ»⑦ [24].***

① بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىنسانلار ۋە جىنلار بىرلىشىپ، ئاللاھنىڭ بۇ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. مەزكۇر ئايەتنىڭ بۇنىڭغا باشقا مەنىلىرىمۇ بار بولۇپ، ئىمام ئىبنى كەسىر مۇشۇ مەنىنى ئەڭ توغرا دەپ قارىغان.

② يەنى ئۇلار ساڭا دۈشمەنلىك قىلىش ۋە قارشى تۇرۇشتا ئۆزئارا بىرلىشىۋالسا، ئۇلارغا ئېيتقىنكى: مەن پەقەتلا رەببىم ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭدىنلا پاناھ تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىمەن.

③ يەنى سىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ياكى ئازدۇرۇش مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس. سىلەرگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزۈشمۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مەن پەقەت مېنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغان ئاللاھنىڭ بەندىسىدۇرمەن.

④ ئەگەر مەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلسام، ئۇ مېنى ئازابلاشنى ئىرادە قىلسا، مېنى ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ.

⑤ بۇ ئىبارە ﴿مەن سىلەرگە پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە ئىگە بولالمايمەن﴾ دېگەن ئايەتتىن مۇستەسنا بولغان. يەنە ﴿مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىن مۇستەسنا بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنى مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاللاھ ئۈستۈمگە پەرز قىلغان ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈشۈمدىن باشقا ھېچنەرسە قۇتقۇزالمايدۇ، دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ﴿رِسٰلَتِهِ﴾دىكى ئالماش ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ ياكى ﴿بَلٰغًا﴾ دېگەن سۆزگە باغلىنىدۇ، يەنى مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن پەقەت ئۇنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشۈملا قۇتقۇزالايدۇ دېگەن بولىدۇ. ياكى بۇ جۈملە بۇنداق بولىدۇ: «إِلاَّ أَنْ أُبَلِّغَ عَنْ اللهِ وَأَعْمَلَ بِرِسَالَاتِهِ» مەنىسى: مەن پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئۈستۈمگە پەرز قىلغان ئەلچىلىكنى يەتكۈزسەم ۋە ماڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئادا قىلسام، ئاندىن قۇتۇلالايمەن، دېگەن بولىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑥ بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، كاپىرلار ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنى دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە كۆرمىگۈچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇئمىنلەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتە ۋە ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ.

⑦ يەنى مۇئمىنلەرنىڭ ياردەمچىسى ئاجىزمىكەن ياكى مۇشرىكلارنىڭكىمۇ؟ تەۋھىد ئەھلىنىڭ سانى ئازمىكەن ياكى ئاللاھتىن ئۆزگىگە چوقۇنغۇچىلارنىڭمۇ؟ ئۇلار بۇنى ئازابنى كۆرگەندە بىلىپ قالىدۇ. دېمەك، ئۇ چاغدا كاپىرلارنىڭ ئەسلا ياردەمچىسى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ سان-ساناقسىز قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا كاپىرلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

قُلْ إِنْ أَدْرِيٓ أَقَرِيبٌ مَّا تُوعَدُونَ أَمْ يَجْعَلُ لَهُۥ رَبِّيٓ أَمَدًا ﴿٢٥﴾ عَٰلِمُ
ٱلْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَىٰ غَيْبِهِۦٓ أَحَدًا ﴿٢٦﴾ إِلَّا مَنِ ٱرْتَضَىٰ مِن رَّسُولٍ
فَإِنَّهُۥ يَسْلُكُ مِنۢ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِۦ رَصَدًا ﴿٢٧﴾ لِّيَعْلَمَ أَن
قَدْ أَبْلَغُواْ رِسَٰلَٰتِ رَبِّهِمْ وَأَحَاطَ بِمَا لَدَيْهِمْ وَأَحْصَىٰ كُلَّ شَيْءٍ
عَدَدًۢا ﴿٢٨﴾

*(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب يېقىنمۇ؟ ياكى رەببىم ئۇنىڭغا ئۇزاق بىر مۇددەتنى بەلگىلەمدۇ؟ مەن ئۇقمايمەن① [25]. ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ئۆزىگە خاس غەيبنى (يەنى سىرنى) ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدۇ [26]. پەقەت ئاللاھ ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبلەرنى) ئاشكارىلايدۇ②، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا چوقۇم مۇھاپىزەتچى (پەرىشتىلەرنى) سېلىپ قويىدۇ③ [27]. (بۇنداق قىلىش) پەيغەمبەرلەرنىڭ رەببىنىڭ ئەلچىلىكىنى (دىنىنى) تولۇق يەتكۈزگەنلىكىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) بىلىشى ئۈچۈندۇر④، ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغاندۇر⑤ ۋە ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگىلىگەندۇر»⑥ [28].*

① بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، قىيامەت كۈنىنىڭ ياكى دۇنيادىكى ئازابنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى ئىلمى غەيبنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىن ياكى يىراق ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

② ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئۇلارنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىگە ئالاقىدار بولغان ياكى پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئىسپاتى بولغان بەزى غەيب ئىشلارنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ بەزى غەيب ئىشلارنى بىلدۈرۈشى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ غەيبنى بىلگۈچى بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى بۇ ئايەتتىن ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئاللاھ تەرەپتىن ئۇنىڭغا غەيبنى بىلدۈرۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايتتى. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئۇ بۇرۇن بىلمەيدىغان بىر قىسىم غەيب ئىشلارنىلا بىلدۈرىدۇ. چۈنكى «غەيبنى بىلگۈچى» پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىدۇر. بۇ ئايەتتىمۇ دەل شۇ نۇقتا روشەنلەشتۈرۈپ بېرىلدى.

③ يەنى ۋەھيى چۈشۈۋاتقاندا پەيغەمبەرنىڭ ئالدى-كەينىدە مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلار جىن-شەيتانلارنى ۋەھيىنى ئاڭلاشتىن توسىدۇ.

④ ﴿ لِيَعْلَمَ ﴾ «بىلىشى ئۈچۈن» بۇ پېئىلنىڭ ئاستىدىكى ئىگىلىك ئالماش كىمگە قايتىدۇ؟ بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا قايتىدۇ، دەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرىگە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە قانداق يەتكۈزگەن بولسا، شۇنداق يەتكۈزگەنلىكىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىشى ئۈچۈن ياكى مەسئۇل پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى پەيغەمبەرگە يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن، دېگەن بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى ئىگىلىك ئالماش ئاللاھقا قايتىدۇ، دەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئەلچىلىكىنى بىمالال يەتكۈزۈشى ئۈچۈن، پەرىشتىلىرى ئارقىلىق قوغدايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەلچىلىكنى كىشىلەرگە توغرا شەكىلدە يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىمۇ قوغدايدۇ ياكى ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن دېگەن بولىدۇ. گەرچە ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىنى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن بۇرۇنلا بىلىدىغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى بىلىشتىن ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش: ﴿سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى، (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى﴾. (سۈرە بەقەرە 143-ئايەت) ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرنى چوقۇم بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾. (سۈرە ئەنكەبۇت 11-ئايەت) ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىلەرنى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن ئىلگىرى چوقۇم بىلىدىغانلىقىغا دائىر ئايەتلەر كۆپتۇر.

⑤ ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

⑥ چۈنكى شۇ زاتلا غەيبىنى بىلگۈچىدۇر. بۇرۇن بولۇپ بولغان ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان بارلىق ئىشلارنىڭ سانىنى خاتىرىلەپ قويغان، يەنى ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىلمى دائىرىسىدىدۇر.

# سۈرە مۇزەممىل

| (٧٣) سورة المزمل مكية ٢٠ آية | (73) سۈرە مۇزەممىل مەككىدە چۈشكەن 20 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلْمُزَّمِّلُ ﴿١﴾ قُمِ ٱلَّيْلَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٢﴾ نِّصْفَهُۥٓ أَوِ ٱنقُصْ مِنْهُ
قَلِيلًا ﴿٣﴾ أَوْ زِدْ عَلَيْهِ وَرَتِّلِ ٱلْقُرْءَانَ تَرْتِيلًا ﴿٤﴾ إِنَّا سَنُلْقِى
عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيلًا ﴿٥﴾

***ئى يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)① [1] كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا يەنى كۆپرەكىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىن [2] يېرىمىنى ياكى يېرىمىدىن بىرئاز كەم قىلىپ، (ئۇچتىن بىرىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگىن) [3] ياكى يېرىمىگە بىرئاز قوشۇپ②، (ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگىن)، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن③ [4]. بىز ساڭا ھەقىقەتەن ئېغىر بىر سۆزنى نازىل قىلىمىز④ [5].***

① بۇ ئايەت نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆگىنىپ يېتىۋالغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ شۇ ھالىتىنى بايان قىلىپ خىتاب قىلدى. بۇنىڭ مەنىسى: ئەمدى ياتقان يېرىڭدىن تۇرغىن، كېچىنىڭ

كۆپ قىسمىدا ناماز ئوقۇغىن، يەنى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن. بۇ ئايەتتىكى بۇيرۇقتا بىنائەن تەھەججۇد نامىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاجىپ ئىدى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى ئىبارىنى ئىزاھلاپ كەلگەن يەنى يېرىم كېچىدىن بىرئاز كەم قىلىپ، ئۈچتىن بىرىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزسەڭ ياكى يېرىمىگە بىرئاز قوشۇپ، ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزسەڭمۇ بولىدۇ.

③ ھەدىسلەردە بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇيتتى ۋە ئۈممىتىگىمۇ شۇنداق تەرتىل بىلەن يەنى توختاپ-توختاپ ئايرىپ-ئايرىپ ئوقۇشنى تەلىم بېرەتتى.

④ كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇش ئادەتتە ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ئېغىر كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا، ﴿ساڭا ھەقىقەتەن ئېغىر بىر سۆزنى نازىل قىلىمىز﴾ دېگەن سۆزنى قىستۇرما جۈملە شەكلىدە كەلتۈردى. ﴿قَوۡلًا ثَقِيلًا﴾ «ئېغىر بىر سۆز» دېگەندىن قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىغا ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش، ئۇنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ناھايىتى ئېغىر ۋە جاننى ئۇپرىتىدىغان بىر ۋەزىپىدۇر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى ئېغىرلىقتىن رەسۇلۇللاھقا ۋەھىي چۈشكەن چاغدىكى ئۇنى قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىدىمۇ چىلىق-چىلىق تەرگە چۈمدۈرۈۋېتىدىغان ئېغىر يۈك (جىددىي كەيپىيات) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

إِنَّ نَاشِئَةَ ٱلَّيۡلِ هِيَ أَشَدُّ وَطۡـٔٗا وَأَقۡوَمُ قِيلًا ٦ إِنَّ لَكَ فِي ٱلنَّهَارِ
سَبۡحٗا طَوِيلٗا ٧ وَٱذۡكُرِ ٱسۡمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلۡ إِلَيۡهِ تَبۡتِيلٗا ٨ رَّبُّ
ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ فَٱتَّخِذۡهُ وَكِيلٗا ٩ وَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ
مَا يَقُولُونَ وَٱهۡجُرۡهُمۡ هَجۡرٗا جَمِيلٗا ١٠ وَذَرۡنِي وَٱلۡمُكَذِّبِينَ أُوْلِي
ٱلنَّعۡمَةِ وَمَهِّلۡهُمۡ قَلِيلًا ١١

*شەكسىزكى، كېچىدە تۇرۇش (ئەستايىدىللىق بىلەن ئىبادەت*

**قىلىشقا) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر (قەلبكە ئەڭ تەسىرلىكتۇر)① ، (تىنىچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ② [6]. ھەقىقەتەن كۈندۈزدە ساڭا ئۇزۇن بىر مەشغۇلىيەت بار (شۇڭا ئىبادەتكە كېچىسى بېرىلگىن)③ [7]. رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئەتكىن، (ئىبادىتىڭدا) ئۇنىڭغا تولۇق (پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن) يۈزلەنگىن④ [8]. ئۇ مەشرىقنىڭمۇ (كۈنچىقىشنىڭمۇ)، مەغرىبنىڭمۇ (كۈنپېتىشنىڭمۇ) رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى بارلىق ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن) [9]. سەن كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن [10]. (مېنىڭ ئايەتلىرىمنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى ماڭا قويۇپ بەرگىن (يەنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزۈم بېرىمەن)، ئۇلارغا بىرئاز مۆھلەت بەرگىن [11].**

① بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: كېچىنىڭ خىلۋىتىدە تەھەججۇد نامىزىدا ئوقۇلغان قۇرئان كۈندۈزى ئوقۇلغىنىغا قارىغاندا ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ قۇلىقى بىلەن دىلى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر-بىرى بىلەن بەكرەك ماسلىشىدۇ، كۆڭۈل قويۇپ ئىبادەت قىلغىلى بولىدۇ.

② بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: كېچىدە قۇرئان ئوقۇش كۈندۈزگە قارىغاندا زېھنىنىڭ ئوچۇقلۇقىدا ۋە قۇرئاننىڭ ئوقۇغان كىشىنىڭ دىلىغا ئورنىشىشىدا تەسىرى چوڭقۇر بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا ھەممە يەر جىمجىتلىقتا چۆمگەن بولغاچقا، ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ تىلاۋىتى دۇنيانىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن خالىي بولىدۇ، تىلاۋەتتىن تولۇق ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە تىلاۋىتىنىڭ ئۆزىنىڭ دىلىغا قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

③ ﴿سَبۡحًا﴾نىڭ مەنىسى «الْجَرْيُ وَالدَّوْرَانُ» يەنى ماڭماق ۋە ئايلانماق. يەنى كۈندۈزى دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئىنساننى ئالدىغا سېلىۋالىدۇ. بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى ئىبارىنى قۇۋۋەتلەپ كەلگەن. يەنى كېچىدە ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بەكرەك ئۈنۈملۈك بولىدۇ. يەنى ئۇنى داۋاملاشتۇرغىن، كېچە بولسۇن ياكى كۈندۈز بولسۇن، ئاللاھقا تەسبىھ

(سُبْحَانَ اللهِ)، ھەمدۇسانا (اَلْحَمْدُ لله)، تەكبىر (اللهُ أَكْبَرُ) ۋە تەھلىل (لَا إِلَهَ إِلَّا الله) ئوقۇپ تۇرغىن.

④ ﴿تَبَتَّلْ﴾نىڭ مەنىسى بىر ئىشقا پۈتۈن ۋاقتىنى بېرىش، بىر ئىش ئۈچۈن ئايرىلىپ چىقىش. يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە دۇئا قىلىشتا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دىققىتىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىش دېمەكتۇر. بۇ (خرىستىئانلاردىكى) رەھبانىيەت يەنى راھىبلىققا ئوخشىمايدۇ. رەھبانىيەتتە ئىنسان يالغۇزلۇقنى تاللاپ، تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىدۇ. ئىسلامدا بۇنىڭغا تەرغىب قىلىنمايدۇ. دېمەك ﴿تَبَتَّلْ﴾نىڭ مەنىسى دۇنيا ئىشلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەمتەرلىكنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا يۈزلىنىش دېمەكتۇر. مانا بۇ ئىسلامدا ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەلدۇر.

إِنَّ لَدَيْنَآ أَنكَالًا وَجَحِيمًا ﴿١٢﴾ وَطَعَامًا ذَا غُصَّةٍ وَعَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٣﴾
يَوْمَ تَرْجُفُ ٱلْأَرْضُ وَٱلْجِبَالُ وَكَانَتِ ٱلْجِبَالُ كَثِيبًا مَّهِيلًا ﴿١٤﴾ إِنَّآ
أَرْسَلْنَآ إِلَيْكُمْ رَسُولًا شَٰهِدًا عَلَيْكُمْ كَمَآ أَرْسَلْنَآ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ
رَسُولًا ﴿١٥﴾ فَعَصَىٰ فِرْعَوْنُ ٱلرَّسُولَ فَأَخَذْنَٰهُ أَخْذًا وَبِيلًا ﴿١٦﴾
فَكَيْفَ تَتَّقُونَ إِن كَفَرْتُمْ يَوْمًا يَجْعَلُ ٱلْوِلْدَٰنَ شِيبًا ﴿١٧﴾

*شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلار ئۈچۈن ھازىرلانغان) ئېغىر ئىشكەللەر، دوزاخ، (زەققۇم ۋە زەرىئ دەرىخىدىن ئىبارەت) گالغا تۇرۇپ قالىدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار① [13 ـ 12]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار كۆچمە قۇم بارخانلىرىغا (قۇم دۆۋىلىرىگە) ئايلىنىپ قالىدۇ② [14]. شۈبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەندەك، سىلەرگىمۇ (ئەمەللىرىڭلارغا) گۇۋاھلىق بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق③ [15]. پىرئەۋن پەيغەمبەرگە (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا) ئاسىيلىق قىلدى (يەنى پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماي، ئۇنى يالغانچىغا چىقاردى، ئى*

***قۇرەيش جامائەسى! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغاندەك، پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان ئىدى)، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق④ [16]. (ئى كاپىرلار!) ئەگەر كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرساڭلار، (دەھشىتىدىن) باللارنىڭ بېشىغا ئاق كىرگۈزىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر⑤ [17].***

① ﴿أَنكَالًا﴾ " نَكْلٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، كىشەن، ئىشكەل مەنىسىدە. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنى تاقاق مەنىسىدە ئالغان. ﴿جَحِيمًا﴾ دېگەن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت دېگەن بولىدۇ. ﴿ذَا غُصَّةٍ﴾ دېگەن گالدىن ئۆتمەيدىغان يا يۇتقىلى بولمايدىغان يا ياندۇرغىلى بولمايدىغان تائامدۇر. بۇ تائام زەققۇم ياكى ﴿ضَرِيعٌ﴾گە ئوخشاش زەھەرلىك يېمەكلىكتۇر. ﴿ضَرِيعٌ﴾ بولسا زەھەرلىك، بەتبۇي تىكەنلىك بىر يانتاق دەرىخىدۇر.

② يەنى بۇ ئازاب قىيامەت كۈنى بولىدۇ. ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەشتىن ئاستىن ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ، ئېگىز ھەيۋەتلىك تاغلارمۇ دۆۋىلەنگەن قۇم بارخانلىرىغا ئوخشاش كېرەكسىز بولۇپ قالىدۇ. ﴿كَثِيبًا﴾ دېگەن دۆۋىلەنگەن قۇم. ﴿مَهِيلًا﴾ دېگەن سىيرىلىپ چۈشكەن قۇم، دەسسىسە پۇت پېتىپ قالىدىغان يۇمشاق قۇم.

③ ئۇ پەيغەمبەر قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ

④ بۇ ئايەت مەككە ئەھلىگە ئاگاھلاندۇرۇشتۇركى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمىگەنلىكى سەۋەبىدىن پىرئەۋن يولۇققان ئاقىۋەتكە سىلەرمۇ يولۇقۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن.

⑤ ﴿شِيبًا﴾ '' أَشْيَبُ ''نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن باللارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ياكى بۇ مىسال ئۇچۇن كەلتۈرۈلگەن ئىباردۇر. ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دەيدۇ: ئەۋلادلىرىڭدىن دوزاخقا كىرىدىغانلىرىنى ئايرىغىن. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى ئاللاھ! قانداق ئايرىيمەن؟ ئاللاھ تائالا: ھەر 1000 دىن 999 نى دوزاخقا، بىرنى جەننەتكە ئايرىغىن، دەيدۇ. شۇ چاغدا ھامىلدار

ئاياللارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ ۋە بالىلارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىدۇ. بۇ سۆز ساھابىلەرگە بەك ئېغىر كېلىپ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ كەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يەجۇج-مەجۇجدىن 999 نى، سىلەردىن بىرنى ئايرىيدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن پۈتۈن جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى سىلەر - بىزدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن». (سەھىھۇل بۇخارى 4741-ھەدىس)

ٱلسَّمَآءُ مُنفَطِرُۢ بِهِۦۚ كَانَ وَعۡدُهُۥ مَفۡعُولًا ﴿١٨﴾ إِنَّ هَٰذِهِۦ تَذۡكِرَةٞۖ
فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلًا ﴿١٩﴾ ۞ إِنَّ رَبَّكَ يَعۡلَمُ أَنَّكَ تَقُومُ
أَدۡنَىٰ مِن ثُلُثَيِ ٱلَّيۡلِ وَنِصۡفَهُۥ وَثُلُثَهُۥ وَطَآئِفَةٞ مِّنَ ٱلَّذِينَ مَعَكَۚ
وَٱللَّهُ يُقَدِّرُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَۚ عَلِمَ أَن لَّن تُحۡصُوهُ فَتَابَ عَلَيۡكُمۡۖ

*ئۇ كۈننىڭ (دەھشىتىدىن) ئاسمان يېرىلىدۇ①، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ② (چۈنكى ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ) [18]. بۇ ئايەتلەر ھەقىقەتەن ۋەز - نەسىھەتتۇر، (بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم رەببىگە (يەتكۈزىدىغان) يولنى تۇتسۇن [19]. (ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، رەببىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان (ساھابىلەردىن) بىر تۈپ كىشىنىڭ كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر قىسمىدا (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ③، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مىقدارىنى ئاللاھ بەلگىلەيدۇ④، سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ⑤، (شۇڭا) ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلدى⑥*

① بۇ ئىبارە «كۈن» دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر سۈپىتىدۇر. دېمەك ئۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن ئاسمان يېرىلىپ كېتىدۇ.

② يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۇرۇش، ئاخىرەتتە ھېساب ئېلىش، ئاندىن جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ۋەدىلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

③ بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا كېچىنىڭ يېرىمىدا ياكى ئۇنىڭ ئازراقىدا ياكى ئۇنىڭ كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ بىر بۆلۈك ساھابىلىرى پۈتۈن كېچە، بەزىدە كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، بەزىدە كېچىنىڭ يېرىمىدە ۋە بەزىدە كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا – بۇ يەردە بايان قىلىنغاندەك – تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى. لېكىن، بۇنى ھەمىشە داۋاملاشتۇرۇش بىر تەرەپتىن ساھابىلەرگە ئېغىر كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن كېچىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىنى، ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىتنى يەنى كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى، كېچىنىڭ يېرىمىنى ۋە كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ھېسابلاش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇ ھۆكۈمنى يېنىكلىتىپ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنىڭدىن تەھەججۇدنى تەرك ئېتىشنى جايىز دەپ ھۆكۈم چىقارغان بولسا، بەزىلەر: ئۇنى پەرزلىكتىن مۇستەھەبلىككە چۈشۈرۈلگەن، ھازىر رەسۇلۇللاھقىمۇ ۋە ئۇممەتكىمۇ پەرز ئەمەس، دەيدۇ. بەزىلەر: ئۇنى ئۇممەتتىنلا يەڭگىللەشتۈرۈلگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھقا پەرز ھالدا تۇرىۋەرگەن، دەپ قارايدۇ.

④ يەنى كېچىنىڭ ۋاقىتلىرىنى – قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە قانچىلىك ۋاقىتنىڭ قالغانلىقىنى – ئاللاھ تائالا ئوبدان ھېسابلىيالايدۇ. لېكىن، بۇنى توغرا ھېسابلاش سىلەر ئۈچۈن قىيىن.

⑤ سىلەر كېچىنىڭ قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە قانچىلىك ۋاقىتنىڭ قالغانلىقىنى بىلەلمەيدىغان تۇرساڭلار، كېچىنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىرىدا تەھەججۇد نامىزىنى قانداقمۇ ئادا قىلالايسىلەر؟

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەرزلىك ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ھازىر ئۇ پەقەت مۇستەھەپ ھالىتىدىلا قېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا – كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا، يېرىمىدا ياكى ئۈچتىن بىرىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا رىئايە قىلىشمۇ شەرت ئەمەس، ھەتتا بەلگىلەنگەن مىقداردا ئوقۇشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىر كىشى كېچىدە تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت بولسىمۇ، ناماز ئوقۇۋالسا، تەھەججۇد نامازى ئوقۇغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنىدەك

ھەر كېچىسى سەككىز رەكئەت تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرسە، بۇ ناھايىتى ياخشىدۇر، ئۇنداق كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە تولۇق ئەگەشكۈچىلەردىن بولىدۇ.

فَٱقۡرَءُواْ مَا تَيَسَّرَ مِنَ ٱلۡقُرۡءَانِۚ عَلِمَ أَن سَيَكُونُ مِنكُم مَّرۡضَىٰ وَءَاخَرُونَ يَضۡرِبُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَبۡتَغُونَ مِن فَضۡلِ ٱللَّهِ

قۇرئاندىن ئوڭاي بولغىنىنى ئوقۇڭلار① ، ئاللاھ بىلىدۇكى، ئاراڭلاردا بەزىلەر كېسەل بولۇپ قالىدۇ، بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى ئىزدەپ (يەنى ئىش-ئوقەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ② ،

① ﴿فَاقْرَءُوا﴾ «ئوقۇڭلار» دېگەندىن مەقسەت " فَصَلُّوا " ناماز ئوقۇڭلار دېمەكتۇر. ﴿مِنَ الْقُرْاٰنِ﴾ «قۇرئان»دىن مەقسەت " الصَّلَاةَ " ناماز دېمەكتۇر. يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن ئوڭاي بولغىنىنى ئوقۇڭلار. تەھەججۇد نامىزى ئۇزۇن بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا قۇرئاننىڭ جىق ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئۆزىلا «قۇرئان» دەپ ئاتالغان. خۇددى نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىس قۇددۇستا سۈرە فاتىھە ناماز دەپ ئىپادىلەنگەندەك: " قَسَمْتُ الصَّلَاةَ بَيْنِيْ وَبَيْنَ عَبْدِيْ ..." «نامازنى (فاتىھەنى) ئۆزۈم بىلەن بەندەمنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدىم...» (سەھىھ مۇسلىم 395-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 2953-ھەدىس) بۇ نۇقتا سۈرە فاتىھەنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغىنىنى ئوقۇڭلار» دېگەننىڭ مەنىسى: كېچىدە قانچىلىك ناماز ئوقۇش سىلەرگە قولاي بولسا – مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىمەستىن ياكى رەكئەت سانىنى بېكىتمەستىن – شۇنچىلىك ئوقۇڭلار. بەزىلەر بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ، نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇماستىن ئۆزىگە ئاسان بولغان بىرەر ئايەتنى ئوقۇسا ناماز دۇرۇس بولىدۇ، دەيدۇ. لېكىن، بۇ دەلىل توغرا ئەمەس، بىرىنچىدىن: بۇ يەردە «ئوقۇڭلار» دېگەن سۆز يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك نامازغا قارىتىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتنىڭ نامازدا ئوقۇلىدىغان قۇرئاننىڭ مىقدارى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئىككىنچىدىن: ئەگەر بۇ ئايەتنى نامازدا ئوقۇلىدىغان قۇرئاننىڭ مىقدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، بۇ (نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنى تەرك

ئېتىشكە) كۆچلۈك دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى ﴿مَا تَيَسَّرَ﴾ «ىسلەرگە قولاي بولغاننى» دېگەن ئىبارىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تەپسىر قىلىپ، نامازنىڭ ئادا بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋە ئۇنى ئوقۇمىسا ناماز ئادا بولمايدىغان سۈرىنىڭ سۈرە فاتىھە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا سۈرە فاتىھە ئوقۇشنى بۇيرىدى. بۇ بۇيرۇق ناھايىتى كۆچلۈك سەھىھ ھەدىسلەردە (سەھىھۇل بۇخارى 756-ھەدىس، سۈنەنى نەسائى 921-ھەدىس) ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىندى.

② يەنى سىلەردىن بەزىلەرگە تىجارەت ياكى رىزىق ئىزدەپ سەپەر قىلىش، بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ۋە بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە سەپەر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

وَءَاخَرُونَ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ فَٱقۡرَءُواْ مَا تَيَسَّرَ مِنۡهُۚ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَقۡرِضُواْ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنٗاۚ وَمَا تُقَدِّمُواْ لِأَنفُسِكُم مِّنۡ خَيۡرٖ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِ هُوَ خَيۡرٗا وَأَعۡظَمَ أَجۡرٗاۚ وَٱسۡتَغۡفِرُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمُۢ ﴿٢٠﴾

*يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ①. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قانچىلىك ئوقۇش ئاسان بولسا شۇنچىلىك ئوقۇڭلار②، (پەرز) نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار③، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار④ (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلىڭلار)، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا مۇكاپات بولغان ھالدا تاپىسىلەر⑤ (يەنى مۇكاپاتىغا ئېرىشىسىلەر، دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر*

. [20]

① شۇنىڭدەك جىھاد قىلىش ئۈچۈنمۇ ئېغىر مەشىقلەرنى ۋە مۇشەققەتلىك سەپەرلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىل ﷺ كېسەللىك، سەپەر ۋە جىھاد ئۆز نۆۋىتىدە ھەركىمنىڭ بېشىغا كېلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەھەججۇدنىڭ ھۆكمىنى يەڭگىللىتىپ بەردى. چۈنكى، بۇ ئىبادەت يۇقىرىقى ھەر ئۈچ ئەھۋالدا مۇشكۈل بولىدىغان ۋە قاتتىق چىدامچانلىق تەلەپ قىلىدىغان ئەمەلدۇر.

② يەڭگىللىتىشنىڭ سەۋەبلىرى بىلەن بىرگە تەكىتلەش يۈزىسىدىن يەڭگىللىتىش ھۆكمى بۇ يەردە قايتا بايان قىلىندى.

③ يەنى بەش ۋاخ پەرز نامازنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئوقۇڭلار.

④ يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا ئېھتىياجقا ئاساسەن، كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار. بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ يەتتە يۈز ھەسسە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەجىر-ساۋاپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ «قەرزى ھەسەنە» دەپ ئاتالغان. (سەھىھۇل بۇخارى 6491-ھەدىس)

⑤ يەنى سىلەر نەپلە ناماز، نەپلە سەدىقە ۋە باشقا ياخشى ئەمەللەرنى قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى كۆپ ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىسىلەر. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار بۇ سۈرىنىڭ 20-ئايىتىنى مەدىنىدە چۈشكەن دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۈرىنى يېرىم مەككىي، يېرىم مەدىنىي سۈرە دەپ ئاتايدۇ. (ئەيسر تەپاسىر)

# سۈرە مۇددەسسىر

| (٧٤) سورة المدثر مكية ٥٦ آية | (74) سۈرە مۇددەسسىر مەككىدە چۈشكەن 56 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلۡمُدَّثِّرُ ﴿١﴾ قُمۡ فَأَنذِرۡ ﴿٢﴾ وَرَبَّكَ فَكَبِّرۡ ﴿٣﴾ وَثِيَابَكَ
فَطَهِّرۡ ﴿٤﴾ وَٱلرُّجۡزَ فَٱهۡجُرۡ ﴿٥﴾ وَلَا تَمۡنُن تَسۡتَكۡثِرُ ﴿٦﴾ وَلِرَبِّكَ
فَٱصۡبِرۡ ﴿٧﴾ فَإِذَا نُقِرَ فِي ٱلنَّاقُورِ ﴿٨﴾ فَذَٰلِكَ يَوۡمَئِذٖ يَوۡمٌ عَسِيرٌ ﴿٩﴾
عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ غَيۡرُ يَسِيرٖ ﴿١٠﴾ ذَرۡنِي وَمَنۡ خَلَقۡتُ وَحِيدٗا ﴿١١﴾
وَجَعَلۡتُ لَهُۥ مَالٗا مَّمۡدُودٗا ﴿١٢﴾ وَبَنِينَ شُهُودٗا ﴿١٣﴾

***ئى يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)① [1] ئورنۇڭدىن تۇرغىن! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن② [2]. رەببىڭنى ئۇلۇغلىغىن [3]. كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن③ [4]. گۇناھنى (يەنى شېرىك ئەمەللەرنى) تەرك ئەتكىن④ [5]. (كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرسەڭ) كۆپرەك ئۇندۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە بەرمىگىن (يەنى بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تەمە قىلما)⑤ [6]، رەببىڭ (نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش) ئۈچۈن چىداملىق بولغىن [7]. سۈر چېلىنغان ۋاقىت ـ ئۇ كۈن قىيىن بىر كۈندۇر [9 ـ 8]. كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر⑥ [10]. مەن (ھېچ نەرسىسى يوق) تەنھا ياراتقان***

*شۇ ئادەمنى (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەتكىن⑦ [11]. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك بەردىم [12]. ئۇنىڭغا (ھەمىشە) يېنىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم⑧ [13].*

① تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ۋەھيي ﴿اِقْرَاْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِىْ خَلَقَ ..﴾ «ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن..» دېگەن ئايەت ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەھيي بىر مەزگىل توختاپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنىڭ توختاپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى ئالاقىزادە بولۇپ، ئەندىشە ئىچىدە قالغان ئىدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىر كۈنى مەن كېتىۋېتىپ تۇساتتىن ئاسمان تەرەپتىن كەلگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىسام، ھىرا غارىدا يېنىمغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىغا بىر كەلگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھالەتتە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۇم. ھۇشۇمغا كەلگەندىن كېيىن ئۆيۈمگە كېلىپ مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، دېدىم. ئۇلار مېنى يۆگەپ قويدى. شۇنداق بىر ئەھۋالدا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. ئاندىن كېيىن ۋەھيي ئارقا ـ ئارقىدىن توختىماي نازىل بولدى». (سەھىھۇل بۇخارى 4926 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 161 ـ ھەدىس) بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ۋەھيي ۋە ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىنكى تۇنجى ۋەھيي ھېسابلىنىدۇ.

② يەنى مەككە ئەھلى ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن.

③ يەنى قەلبىڭنى ۋە نىيىتىڭنى پاك تۇتۇش بىلەن بىرگە كىيىمىڭنىمۇ پاك تۇتقىن. مەككە مۇشرىكلىرى پاكىزلىققا تازا ئەھمىيەت بەرمەيتتى، شۇ ۋەجىدىن مۇشۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

④ يەنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەرك ئەتكىن. ئەسلىدە بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق باشقا كىشىلەرگە بۇيرۇق قىلىنىۋاتىدۇ.

⑤ يەنى باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭ بەدىلىگە كۆپرەك قايتۇرۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلمىغىن.

⑥ يەنى قىيامەت كۈنى كاپىرلارغا بەك قىيىندۇر. چۈنكى، ئۇ كۈنى ئۇلار دۇنيادا ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

⑦ بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئۈچۈن دېيىلگەن ئىبارە بولۇپ، مەنىسى شۇكى، مەن ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تەنھا ياراتقان، تۇغۇلغاندا مال-مۈلۈكى ۋە ئەۋلادلىرى بولمىغان كىشىنى ماڭا قويۇۋەتكىن. ئۇنى مەن ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن. مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەگە قارىتىلغان سۆزدۇر. ئۇ ھەقنى ئىنكار قىلىشتا تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. توغرىسىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

⑧ ئاللاھ بۇ كىشىگە كۆپ ئوغۇل بەرگەن ئىدى. مال-مۈلۈكى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن باللىرى تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە چىقمايتتى، يېنىدا تۇراتتى. بەزى مۇپەسسىرلەر ئوغۇللىرىنىڭ سانىنى 7 دەيدۇ، بەزىلەر 12 دەيدۇ ۋە بەزىلەر 13 دەيدۇ. بۇلاردىن ئۈچ ئوغۇل مۇسۇلمان بولدى. ئۇلار: ھىشام، خالىد ۋە ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم) لاردىن ئىبارەت. (فەتھۇلقەدىر)

وَمَهَّدتُّ لَهُۥ تَمۡهِيدٗا ١٤ ثُمَّ يَطۡمَعُ أَنۡ أَزِيدَ ١٥ كَلَّآۖ إِنَّهُۥ كَانَ
لِأٓيَٰتِنَا عَنِيدٗا ١٦ سَأُرۡهِقُهُۥ صَعُودًا ١٧ إِنَّهُۥ فَكَّرَ وَقَدَّرَ ١٨ أَدۡبَرَ
وَٱسۡتَكۡبَرَ ٢٣

*ئۇنىڭ ئابروينى ئۆستۈردۇم① [14]. ئۇ بولسا يەنىمۇ كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىپ تۇرىدۇ② [15]. ياق (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى ھەرگىز بولمايدۇ)③، چۈنكى ئۇ (گەدەنكەشلىك قىلىپ) بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى④ [16]. مەن ئۇنى يېقىندا قاتتىق ئازابقا قىستايمەن⑤ [17]. ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى⑥ [18]. ئۇنىڭغا لەنەت بولسۇنكى! ئۇ قانداق پىلانلىدى؟ [19]. يەنە ئۇنىڭغا لەنەت بولسۇنكى! ئۇ قانداق پىلانلىدى؟⑦ [20]. ئاندىن ئۇ (ئۆز پىلانىغا) قاراپ چىقتى⑧ [21]، ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى⑨ [22]، ئاندىن ئۇ (ھەقىقەتنى*

*قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈدى ۋە (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق قىلدى⑩ [23]،*

① يەنى ئۇنى بايلىق، ھوقۇق ۋە ئابرۇي جەھەتتە ئۈستۈن قىلدىم يەنە ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلدىم.

② يەنى ئۇ ھەقنى ئىنكار قىلىشتا ۋە گۇناھتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، مېنىڭ يەنە بېرىشىمنى ئارزۇ قىلىدۇ.

③ يەنى مەن ئۇنىڭغا يەنە بەرمەيمەن.

④ بۇ يەردە ﴿كَلَّآ﴾ «ياق (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى ھەرگىز بولمايدۇ)»نىڭ سەۋەبى بايان قىلىندى. ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى چىققان ۋە ئۇنى رەت قىلغان كىشى ﴿عَنِيدٗا﴾ دەپ ئاتىلىدۇ.

⑤ يەنى مەن ئۇنى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قاتتىق ئازابقا مۇپتىلا قىلىمەن. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇ دوزاختىكى ئوتتىن بولغان بىر تاغقا يامىشىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. «إِرْهَاقٌ «ئىنسانغا كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكنى ئارتىش دېگەن مەنىدە. (فەتھۇلقەدىر)

⑥ يەنى ئۇ قۇرئاننى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قانداق (بوھتان بىلەن) جاۋاب بېرىشنى ئويلىدى. ۋە كۆڭلىدە (ئويلىغانلىرى بويىچە) پىلانلىدى.

⑦ بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان بەتدۇئا بولۇپ، ھالاك بولسۇن، ئۆلۈپ كەتسۇن. ئۇ پىلانلىغان نەرسە نېمە دېگەن يامان! دېگەن مەنىدە.

⑧ يەنى ئۇ قۇرئانغا قانداق رەددىيە بېرىشنى قايتا ئويلاندى.

⑨ يەنى ئۇ ئويلاۋاتقاندا قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە خۇددى بىرەر قىيىن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ئادەمدەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

⑩ يەنى ئۇ ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن باش تارتتى ۋە ئىمان ئېيتىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلدى.

فَقَالَ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ يُؤۡثَرُ ﴿٢٤﴾ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا قَوۡلُ ٱلۡبَشَرِ ﴿٢٥﴾

سَأُصْلِيهِ سَقَرَ ﴿٢٦﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا سَقَرُ ﴿٢٧﴾ لَا تُبْقِى وَلَا تَذَرُ ﴿٢٨﴾
لَوَّاحَةٌ لِّلْبَشَرِ ﴿٢٩﴾ عَلَيْهَا تِسْعَةَ عَشَرَ ﴿٣٠﴾ وَمَا جَعَلْنَآ أَصْحَٰبَ
ٱلنَّارِ إِلَّا مَلَٰٓئِكَةً ۙ وَمَا جَعَلْنَا عِدَّتَهُمْ إِلَّا فِتْنَةً لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟
لِيَسْتَيْقِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ وَيَزْدَادَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِيمَٰنًا

*(شۇنداق بىلەن ئۇ): «بۇ (قۇرئان) پەقەتلا ئىلگىرىكىلەردىن نەقىل قىلىنغان سېھىردۇر①، بۇ پەقەتلا ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى [24 ـ 25]. ئۇنى مەن يېقىندا سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) تاشلايمەن [26]. سەن سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟② [27] (ئۇ شۇنداق دوزاخكى ھېچ نەرسىنى) قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ)③ [28]. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ قاپقارا قىلىۋېتىدۇ [29]. ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر (مەسئۇلدۇر)④ [30]. بىز دوزاخ مەسئۇللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق، بىز ئۇلارنىڭ سانىنى پەقەت كاپىرلار ئۈچۈن سىناق قىلدۇق⑤. بۇنداق قىلىشىمىز (بۇ سان تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا بايان قىلىنغان سانغا مۇۋاپىق كەلگەچكە) كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ (قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) تولۇق ئىشەنچ قىلىشى⑥، مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى⑦،*

① يەنى ئۇ (مۇھەممەد) قۇرئاننى بىر كىمدىن ئۆگىنىپ، نەقىل قىلغان (كۆچۈرۈپ كەلگەن) ئاندىن ئۇنى ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلدى دەپ دەۋا قىلغان، دېدى.

② دوزاخ نامىلىرىنىڭ ياكى دەرىجىلىرىنىڭ بىرى سەقەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

③ يەنى ئۇلارنىڭ بەدىنىدە يا گۆش يا سۆڭەك قويمايدۇ. يەنە بىر مەنىسى: ﴿لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحْيَىٰ﴾ «ئۇلار يا ئۆلمەيدۇ يا راھەت ياشىيالمايدۇ».

④ يەنى دوزاخنى باشقۇرۇشقا 19 پەرىشتە بەلگىلەنگەندۇر.

⑤ بۇ قۇرەيش مۇشرىكلىرىگە بېرىلگەن رەددىيەدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ

ئايەتتە دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى بايان قىلغاندا، ئەبۇ جەھىل قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا خىتاب قىلىپ: سىلەردىن ھەر ئون كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپ بىر پەرىشتىگە تەڭ كېلەلمەمدۇ؟ دېگەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە «كىلدە» دېگەن بىر كىشى ئۆزىنىڭ كۈچىگە تولىمۇ ئىشىنەتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن: سىلەر ھەممىڭلار بىرلىشىپ 2 پەرىشتىگە تېتىڭلار، قالغان 17گە ئۆزۈم تېتىيمەن. دېيىلىشىچە ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر نەچچە قېتىم چېلىشىشقا چاقىرغان ۋە ھەر قېتىم يېڭىلگەن، لېكىن ئىمان كەلتۈرمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «رەكانە ئىبنى ئابدۇ يەزىد» دېگەن كىشىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چېلىشىشقا چاقىرغان ۋە يېڭىلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتقان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) دېمەك پەرىشتىلەرنىڭ سانىمۇ ئۇلارنىڭ سىنىلىشىغا سەۋەب بولغان.

⑥ يەنى ئەھلى كىتاب ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇ قىلغان سۆزلەرنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلاردىمۇ بارلىقىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر.

⑦ مۇئمىنلەر ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەھلى كىتابنىڭمۇ تەستىقلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ئۈچۈندۇر.

وَلَا يَرْتَابَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْمُؤْمِنُونَ وَلِيَقُولَ ٱلَّذِينَ فِى
قُلُوبِهِم مَّرَضٌ وَٱلْكَٰفِرُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلًا ۚ كَذَٰلِكَ
يُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ وَيَهْدِى مَن يَشَآءُ ۚ وَمَا يَعْلَمُ جُنُودَ رَبِّكَ
إِلَّا هُوَ ۚ وَمَا هِىَ إِلَّا ذِكْرَىٰ لِلْبَشَرِ ﴿٣١﴾ كَلَّا وَٱلْقَمَرِ ﴿٣٢﴾ وَٱلَّيْلِ إِذْ
أَدْبَرَ ﴿٣٣﴾ وَٱلصُّبْحِ إِذَآ أَسْفَرَ ﴿٣٤﴾ إِنَّهَا لَإِحْدَى ٱلْكُبَرِ ﴿٣٥﴾ نَذِيرًا
لِّلْبَشَرِ ﴿٣٦﴾ لِمَن شَآءَ مِنكُمْ أَن يَتَقَدَّمَ أَوْ يَتَأَخَّرَ ﴿٣٧﴾

*كىتاب بېرىلگەنلەر ۋە مۇئمىنلەرنىڭ (بۇ ھەقتە) شەكلەنمەسلىكى ئۈچۈن، شۇنداقلا دىلىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ (ھەيران قېلىپ): «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نېمىنى*

***ئىرادە قىلغاندۇ؟» دەپ قېلىشى ئۈچۈندۇر①. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى (مۇشۇنداق) ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ②، رەببىڭنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ③. بۇ (بايانلار) پەقەت ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر④ [31]. ياق (يەنى ئۇ مەسخىرە قىلغۇچىلار قەبىھ قىلمىشىدىن يانسۇن)⑤، ئاي بىلەن قەسەمكى [32]، ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى [33]، يورۇغان سۈبھى بىلەن قەسەمكى [34]، ھەقىقەتەن، دوزاخ چوڭ (بالا)لاردىن بىرىدۇر⑥ (ئۇنى قانداقمۇ مەسخىرە قىلىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا چىنپۈتمەيسىلەر؟) [35]. ئۇ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر⑦ [36]. سىلەردىن (جەننەتكە) ئىلگىرىلەشنى خالىغان ياكى (دوزاختىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر⑧ [37].***

① «دىلىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار» دېگەندىن مۇناپىقلار ياكى دىلىدا شەك-شۈبھە ساقلاپ يۈرگەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چاغدا مۇناپىقلار يوق ئىدى. يەنى ئۇلار: پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى بايان قىلىشتا ئاللاھنىڭ نېمە ھېكمىتى بار بولغىيتتى؟ دەپ قېلىشى ئۈچۈندۇر.

② يەنى مەزكۇر كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنى ئازدۇرغاندەك، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتكەندەك، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ. بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ.

③ يەنى كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار گۇمان قىلىدۇكى، دوزاخقا بەلگىلەنگەن پەرىشتىلەرنىڭ سانى پەقەتلا 19غۇ. ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش قانچىلىك قىيىن ئىشتى؟ لېكىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنىڭ سانىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. يەتتىنچى ئاسماندىكى بەيتۇل مەئمۇرغا ھەر كۈنى 70 مىڭ پەرىشتە كىرىدۇ، پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن قىيامەتكىچە ئۇلارغا قايتا نۆۋەت كەلمەيدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 3207-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 162-ھەدىس)

④ يەنى بۇ دوزاخ ۋە ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن پەرىشتىلەر ئىنسانلارنىڭ

يامان قىلمىشلىرىدىن يېنىشى ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر.

⑤ ﴿كَلَّا﴾ «ياق» يەنى ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، بۇ مەككە ئەھلىنىڭ دوزاختا بەلگىلەنگەن پەرىشتىلەرگە تاقابىل تۇرالايمىز دېگەن بىلجىرلاشلىرىغا بېرىلگەن رەددىيەدۇر.

⑥ بۇ يۇقىرىدىكى قەسەملەرنىڭ جاۋابىدۇر. ﴿ٱلْكُبَرِ﴾ دېگەن ‹› كُبْرَى ‹› (ئەڭ چوڭ دېگەن مەنىدە)نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ئاللاھ تائالا ناھايىتى مۇھىم ئۈچ نەرسە بىلەن قەسەم قىلغاندىن كېيىن، دوزاخنىڭ چوڭلۇقى ۋە قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن شەكلىنىشكە ئورۇن قالمىدى.

⑦ يەنى بۇ دوزاخ ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. يەنە بىر مەنىسى: بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر ياكى بۇ قۇرئان ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. قۇرئان ئۆزىنىڭ (جەننەت بىلەن) ۋەدە قىلىش ۋە (دوزاختىن) قورقۇتۇشتىن ئىبارەت بايانلىرىغا ئاساسەن ئىنسانلار ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.

⑧ يەنى ئىمان ۋە تائەت-ئىبادەتتە ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالىغان ياكى ئۇنىڭدىن كەينىگە چېكىنىشنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. دېمەك بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ھەربىر ئىمان كەلتۈرگەن ياكى كۇفۇرلۇق قىلغان ئادەم ئۈچۈندۇر.

كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ ﴿٣٨﴾ إِلَّآ أَصْحَٰبَ ٱلْيَمِينِ ﴿٣٩﴾ فِى جَنَّٰتٍ
يَتَسَآءَلُونَ ﴿٤٠﴾ عَنِ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٤١﴾ مَا سَلَكَكُمْ فِى سَقَرَ ﴿٤٢﴾ قَالُوا۟
لَمْ نَكُ مِنَ ٱلْمُصَلِّينَ ﴿٤٣﴾ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ ٱلْمِسْكِينَ ﴿٤٤﴾ وَكُنَّا
نَخُوضُ مَعَ ٱلْخَآئِضِينَ ﴿٤٥﴾ وَكُنَّا نُكَذِّبُ بِيَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٤٦﴾ حَتَّىٰٓ
أَتَىٰنَا ٱلْيَقِينُ ﴿٤٧﴾ فَمَا تَنفَعُهُمْ شَفَٰعَةُ ٱلشَّٰفِعِينَ ﴿٤٨﴾

*ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن رەنىگە ئېلىنغاندۇر① [38]. پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن سائادەتمەن مۇئمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا② [39]. ئۇلار جەننەتلەردە تۇرۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنىڭ دوزاخقا كىرىپ*

***قىلىشقانلارغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ سورايدۇ③ [42 ـ 40].*** ***ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇيدىغانلاردىن بولمىغان ئىدۇق [43]. مىسكىنلەرگە تائام بەرمەيتتۇق④ [44]. بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار (يەنى ئىنكارچىلار) بىلەن بىللە بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق⑤ [45]. قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق [46]، تاكى بىزگە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر (شۇنداق قىلدۇق)»⑥ [47]. شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)⑦ [48].***

① ﴿رَهِينَةٌ﴾ رەنىگە قويۇلغان دېگەن مەنىدە. ھەر ئىنسان ئۆز ئەمىلىنىڭ گۆرۈسىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەمىلى (ئەگەر ياخشى بولسا) ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزىدۇ ياكى (ئەگەر يامان بولسا) ئۇنى ھالاكەتكە تاشلايدۇ.

② يەنى بۇلار ئۆز گۇناھلىرىغا ئەسىر بولمايدۇ، بەلكى ياخشى ئەمەللىرى تۈپەيلى ئەركىن بولىدۇ.

③ ﴿فِي جَنَّٰتٍ يَتَسَآءَلُونَ﴾ «جەننەتلەردە.. سورايدۇ» دېگەن ئىبارە ﴿أَصۡحَٰبَ ٱلۡيَمِينِ﴾ «نامە-ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر»نىڭ ھالىنى بايان قىلىپ كەلگەن. جەننەت ئەھلى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ دوزاخ ئەھلىدىن سورايدۇ.

④ ناماز بولسا ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر؛ مىسكىنلەرگە تائام بېرىش بولسا بەندىلەرنىڭ ھەققىدۇر. دېمەك بىز نە ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايتتۇق، نە بەندىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايتتۇق.

⑤ يەنى بىز بىھۇدە سۆز قىلىشقا ۋە ئازغۇنلۇقنى ھىمايە قىلىشقا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشاتتۇق.

⑥ ﴿ٱلۡيَقِينُ﴾ ئۆلۈم دېگەن مەنىدە. مەسىلەن باشقا بىر ئايەتتە كەلگەندەك: ﴿وَٱعۡبُدۡ رَبَّكَ حَتَّىٰ يَأۡتِيَكَ ٱلۡيَقِينُ﴾ ﴿ساڭا ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر رەببىڭگە ئىبادەت قىلغىن﴾. (سۈرە ھىجىر 99-ئايەت)

⑦ يەنى ھەر قانداق بىر كىشىدە يۇقىرىقى سۈپەتلەر بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچبىر كىشىنىڭ شاپائىتىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كاپىر بولغانلىقى سەۋەبىدىن شاپائەتكە لايىق بولمايدۇ. شاپائەتنىڭ پايدىسى پەقەتلا ئىمانى سەۋەبىدىن شاپائەتكە ھەقلىق بولغانلارغىلا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ شاپائەت قىلىش رۇخسىتىمۇ، ھەممە كىشىلەرگە بېرىلمەستىن، پەقەت شۇلارغىلا بېرىلىدۇ.

فَمَا لَهُمۡ عَنِ ٱلتَّذۡكِرَةِ مُعۡرِضِينَ ﴿٤٩﴾ كَأَنَّهُمۡ حُمُرٞ مُّسۡتَنفِرَةٞ ﴿٥٠﴾
فَرَّتۡ مِن قَسۡوَرَةِۭ ﴿٥١﴾ بَلۡ يُرِيدُ كُلُّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُمۡ أَن يُؤۡتَىٰ صُحُفٗا
مُّنَشَّرَةٗ ﴿٥٢﴾ كَلَّاۖ بَل لَّا يَخَافُونَ ٱلۡأٓخِرَةَ ﴿٥٣﴾ كَلَّآ إِنَّهُۥ تَذۡكِرَةٞ ﴿٥٤﴾
فَمَن شَآءَ ذَكَرَهُۥ ﴿٥٥﴾ وَمَا يَذۡكُرُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُۚ هُوَ أَهۡلُ
ٱلتَّقۡوَىٰ وَأَهۡلُ ٱلۡمَغۡفِرَةِ ﴿٥٦﴾

*ئۇلار نېمىشقا خۇددى يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردەك ۋەز - نەسىھەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟① [49 ـ 51]. بەلكى ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆزىگە ئېچىقلىق سەھىپىلەرنىڭ بېرىلىشىنى تەمە قىلىدۇ (يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتابىدەك كىتاب نازىل قىلىنىشىنى تەمە قىلىدۇ) ② [52]. ياق (يەنى ئۇلار مۇنداق تەمەدىن يانسۇن، ئىش ھەرگىز ئۇلار تەمە قىلغاندەك بولمايدۇ). بەلكى ئۇلار (ئاخىرەتتىن) قورقمايدۇ③ [53]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ (قۇرئان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر④ (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار بولۇشىنى كۆزلەيدىغان بولسا، قۇرئان ئۇلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىغا يېتەرلىكتۇر) [54]. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ [55]. ئۇلار پەقەت ئاللاھ خالىسىلا، ئاندىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالالايدۇ⑤، ئاللاھ (بەندىلىرى قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، (بەندىلىرىگە) مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر⑥ [56].*

① يەنى بۇلار ھەقتىن قېچىش ۋە نەسىھەتتىن يۈز ئۆرۈشتە خۇددى

يولۋاستىن قورقۇپ قاچقان ياۋا ئېشەكلەرگە ئوخشايدۇ. ﴿قَسْوَرَةٍ﴾نىڭ مەنىسى «يولۋاس» دېگەن بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «ئوۋچى» دېگەن مەنىدىمۇ ئالىدۇ.

② يەنى ئۇلار ھەر بىرىنىڭ قولىغا ئاللاھ تەرەپتىن «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ يېزىلغان بىردىن ئوچۇق كىتابنىڭ نازىل قىلىنىشىنى تەمە قىلىشىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق شەرھىلىگەن: ئۇلار ھېچ ئەمەل قىلماستىن ئازابتىن نىجات تېپىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، يەنى ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆزىگە ئازابتىن قۇتۇلغانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىلىشىنى تەمە قىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ يەنى ئۇلارنىڭ ئېزىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمىگەنلىكى ۋە ئۇ كۈننى ئىنكار قىلغانلىقىدىن بولۇپ، بۇ ئۇلارنى قورقماس قىلىپ قويغان.

④ يەنى ۋەز-نەسىھەتلەردىن ئىبرەت ئېلىشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن بۇ قۇرئان ۋەز-نەسىھەتتۇر.

⑤ يەنى بۇ قۇرئاندىن ۋەز-نەسىھەت ۋە ھىدايەت ئېلىش ئاللاھ خالىغان كىشىگە نېسىپ بولىدۇ. ﴿پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ئاللاھ خالىمىغۇچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)﴾. (سۈرە تەكۋىر 29-ئايەت)

⑥ يەنى پەقەت ئاللاھ تائالا قورقۇشقا لايىقتۇر ۋە پەقەت شۇ زاتلا كەچۈرۈم قىلىشقا ھوقۇقلۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ زاتلا ئىتائەت قىلىنىشقا ۋە بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىشقا ھەقلىقتۇر. ئىنسان ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىقلا ئۇنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

# سۈرە قىيامەت

| (٧٥) سورة القيمة مكية ٤٠ آية | (75) سۈرە قىيامەت مەككىدە چۈشكەن 40 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

لَآ أُقْسِمُ بِيَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ ﴿١﴾ وَلَآ أُقْسِمُ بِٱلنَّفْسِ ٱللَّوَّامَةِ ﴿٢﴾ أَيَحْسَبُ
ٱلْإِنسَٰنُ أَلَّن نَّجْمَعَ عِظَامَهُۥ ﴿٣﴾ بَلَىٰ قَٰدِرِينَ عَلَىٰٓ أَن نُّسَوِّىَ
بَنَانَهُۥ ﴿٤﴾ بَلْ يُرِيدُ ٱلْإِنسَٰنُ لِيَفْجُرَ أَمَامَهُۥ ﴿٥﴾

***قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [1]، ئۆزىنى كۆپ مالامەت قىلغۇچى (ئەيىبلىگۈچى) نەپس بىلەن② قەسەم قىلىمەنكى، (سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ) [2]. (كاپىر) ئىنسان بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى يىغالمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟③ [3] ئۇنداق ئەمەس (يەنى بىز ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى يىغالايمىز)، بىز ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك ئەزاسى بولغان) بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز④ [4]. بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھتا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ⑤ [5].***

① ﴿لَا أُقْسِمُ﴾ دىكى " لا " ئارتۇقتۇر. بۇ ئەرەب تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئايەتلەردە كەلگەن، مەسىلەن: ﴿قَالَ مَا مَنَعَكَ اَلَّا تَسْجُدَ اِذْ اَمَرْتُكَ﴾) سۈرە ئەئراف، 12-ئايەت) يەنە ﴿لِئَلَّا يَعْلَمَ اَهْلُ الْكِتٰبِ﴾ (سۈرە ھەدىد، 29-ئايەت) قاتارلىق ئايەتلەر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە " لا " ئارتۇق ئەمەس. ئەسلىدە بۇ يەردىكى قەسەمدىن ئىلگىرى كاپىرلارنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار: ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش يوق، دەيتتى. بۇ يەردە " لا " «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دېگەن ئىبارە ئارقىلىق ئۇلارغا دېيىلدىكى، ياق، ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس، قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر. قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەم قىلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ راستلىقى، ئەھمىيىتى ۋە بۈيۈكلۈكىنى بايان قىلىشتۇر.

② يەنى ئۆزىنى كۆپ مالامەت قىلغۇچى نەپس ياخشى ئىشلارنى تېخىمۇ كۆپ قىلمىغانلىقىغا مالامەت قىلسا؛ يەنە نېمە ئۈچۈن يامانلىقتىن بالدۇرراق قايتمىغانلىقىغا مالامەت قىلىدۇ. دۇنيادا قەلبى سەگەك ئادەملەرنىڭ نەپسى ئۆزلىرىنى مالامەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئاخىرەتتە بولسا، ھەربىر ئادەمنى ئۇنىڭ نەپسى مالامەت (تاپا-تەنە) قىلىپ ئەيىبلەيدۇ.

③ بۇ جۈملە يۇقىرىكى قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. بۇ يەردىكى «ئىنسان» دېگەندىن قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىز، كاپىر ئىنسان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئويلىغىنى توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى چوقۇم جەملەيدۇ. بۇ يەردە «ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى» ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى، چۈنكى، سۆڭەكلەر جىسمىنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسى ۋە قېلىپى ھېسابلىنىدۇ.

④ ﴿بَنَانَ﴾ قول ۋە پۇتنىڭ بارماقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بارماقلار بوغۇملاردىن، تىرناقلاردىن، نازۇك تومۇرلاردىن ۋە ئىنچىكە سۆڭەكلەردىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. بۇ نازۇك ۋە ئىنچىكە ئەزالارنى قۇراشتۇرۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر زات چوڭ-چوڭ ئەزالارنى بىر-بىرىگە ئۇلاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

⑤ يەنى ئۇ قىيامەتنىڭ بولۇشىنى يىراق ساناپ، گۇناھتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ ۋە ھەقنى ئىنكار قىلىدۇ.

يَسْـَٔلُ أَيَّانَ يَوْمُ ٱلْقِيَٰمَةِ ﴿٦﴾ فَإِذَا بَرِقَ ٱلْبَصَرُ ﴿٧﴾ وَخَسَفَ
ٱلْقَمَرُ ﴿٨﴾ وَجُمِعَ ٱلشَّمْسُ وَٱلْقَمَرُ ﴿٩﴾ يَقُولُ ٱلْإِنسَٰنُ يَوْمَئِذٍ أَيْنَ
ٱلْمَفَرُّ ﴿١٠﴾ كَلَّا لَا وَزَرَ ﴿١١﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوْمَئِذٍ ٱلْمُسْتَقَرُّ ﴿١٢﴾ يُنَبَّؤُا۟
ٱلْإِنسَٰنُ يَوْمَئِذٍۭ بِمَا قَدَّمَ وَأَخَّرَ ﴿١٣﴾ بَلِ ٱلْإِنسَٰنُ عَلَىٰ نَفْسِهِۦ
بَصِيرَةٌ ﴿١٤﴾ وَلَوْ أَلْقَىٰ مَعَاذِيرَهُۥ ﴿١٥﴾

***ئۇ (مەسخىرە قىلىپ): «قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ» دەپ سورايدۇ① [6]. كۆزلەر قاماشقان②، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن③، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا④، شۇ (قىيامەت) كۈندە ئىنسان: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەپ كېتىدۇ⑤ [7 ـ 10]. ياق، (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان ھېچقانداق پاناھگاھ يوقتۇر⑥ [11]. بۇ كۈندە بارىدىغان قارارگاھ پەقەتلا رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر⑦ [12]. بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىر قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ⑧ [13]. بەلكى ئىنسان ئۆزىنىڭ زىيىنىغا (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھ بولغۇچىدۇر⑨ [14]. ئۇ (ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن) قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)⑩ [15].***

① ئۇ بۇ سوئالنى گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش ئۈچۈن سورىمايدۇ، بەلكى قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن چۈشەنچىسى بىلەن مازاق قىلىش يۈزىسىدىن سوراپ قويىدۇ. شۇ ۋەجىدىن گۇناھلاردىن قايتمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە قىيامەتنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بېرىۋاتىدۇ.

② ﴿بَرِقَ﴾ " تَحَيَّرَ وَانْدَهَشَ» يەنى ئۇ چاغدا ئالاقزادىلىك ۋە قورقۇنچتىن كۆزلەر چەكچىيىپ، تورلىشىپ كېتىدۇ. خۇددى سەكراتتىكى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدەك.

③ ئادەتتە ئاي تۇتۇلغان چاغدىمۇ ئاي نۇرسىز كۆرۈنىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى ﴿خَسَفَ الْقَمَرُ﴾ «ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا» دېگەن

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ئالامەت زاھىر بولغاندىن كېيىن ئاينىڭ نۇرى بولمايدۇ.

④ يەنى ئاي بىلەن كۈننىڭ نۇرى ئۆچۈشتە بىرلەشتۈرۈلگەندە، ھەر ئىككىسى تەڭلا نۇرسىز بولۇپ قالغاندا. دېمەك ئايغا ئوخشاش كۈننىڭ نۇرىمۇ ئۆچۈرۈلىدۇ.

⑤ يەنى مۇشۇ ئالامەتلەر كۆرۈنگەن چاغدا ئىنسان ئاللاھتىن ياكى دوزاخ ئازابىدىن قاچىدىغان جاي ئىزدەيدۇ، لېكىن، ئۇ چاغدا نەدىمۇ قاچىدىغان جاي بولسۇن؟

⑥ ﴿وَزَرَ﴾ ئىنسان پاناھلىنىدىغان تاغ ئۆڭكۈرى ياكى قەلئە دېگەن مەنىدە. ئۇ چاغدا ھېچقانداق پاناھگاھ بولمايدۇ.

⑦ ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ھېچكىم ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن قاچالمايدۇ ياكى بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ.

⑧ ئىنسانغا ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى، كونىسى بولسۇن ياكى يېڭىسى بولسۇن، ئىلگىرىكىسى بولسۇن ياكى ئاخىرقىسى بولسۇن، چوڭى بولسۇن ياكى كىچىكى بولسۇن، قىلغان ھەممە قىلمىشلىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە-ئەمەلگە خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾. (سۈرە كەھف 49-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

⑨ ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئىككى قولى، ئىككى پۇتى، تىلى ۋە باشقا ئەزالىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئۆزى بىلىدۇ.

⑩ يەنى گەرچە ئىنسان ئۆزىنى ئاقلاپ، جېدەللەشسىمۇ، ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسەتسىمۇ، بۇ ئۇنىڭغا نە پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، نە كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلالمايدۇ.

لَا تُحَرِّكْ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِۦٓ ﴿١٦﴾ إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُۥ وَقُرْءَانَهُۥ ﴿١٧﴾
فَإِذَا قَرَأْنَـٰهُ فَٱتَّبِعْ قُرْءَانَهُۥ ﴿١٨﴾ ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا بَيَانَهُۥ ﴿١٩﴾ كَلَّا بَلْ

تُحِبُّونَ ٱلۡعَاجِلَةَ ۝٢٠ وَتَذَرُونَ ٱلۡأٓخِرَةَ ۝٢١ وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ نَّاضِرَةٌ ۝٢٢

***(ئى پەيغەمبەر! ساڭا جىبرىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ① تىلىڭنى مىدىرلاتما [16]. شەكسىزكى، ئۇنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر② [17]. بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە③، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن④ [18]. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر⑤ [19]. (ئى مۇشرىكلار!) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش سىلەر ئويلىغاندەك يوق ئىش ئەمەس)، بەلكى سىلەر دۇنيانى ياخشى كۆرىسىلەر [20]. ئاخىرەتنى بولسا بىر ياققا قايرىپ قويىسىلەر⑥ [21]. بۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە)، نۇرغۇن يۈزلەر نۇرلۇق بولىدۇ [22].***

① جىبرىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيى ئېلىپ كەلگەندە يەنى قۇرئان ئايەتلىرىنى تەلىم بەرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر سۆزنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالماي، تولۇق ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۇنى پەرىشتە بىلەن تەڭ ئوقۇيتتى. شۇنداق ئەھۋالدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرىشتە بىلەن تەڭ ئوقۇشتىن توستى. (سەھىھۇل بۇخارى 4929-ھەدىس) بۇ نۇقتا ئىلگىرىمۇ بايان قىلىندى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىۋاتقان بۆلۈكى تولۇق نازىل قىلىنىپ بولمىغۇچە، ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، (يەنى جىبرىل ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىللە ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇ تىلاۋەتنى تۈگەتكۈچە تىڭشاپ تۇرغىن)﴾. (سۈرە تاھا 114-ئايەت) شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم تۇرۇپ تىڭشايدىغان بولدى.

② يەنى قۇرئاننى دىلىڭدا توپلاپ، ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى تىلىڭغا سېلىپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. شۇنىڭ بىلەن قۇرئاننىڭ بىر ھەرپىمۇ تىلىڭدىن قاچمايدۇ ھەم ئېسىڭدىن چىقمايدۇ.

③ يەنى بىز پەرىشتە (جىبرىل ئەلەيھىسسالام) ئارقىلىق ئۇنى ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىغىن.

④ يەنى ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى كىشىلەرگە ئوقۇپ ئاڭلاتقىن ۋە ئۇ ئەھكاملارغا ئەگەشكىن يەنى ئەمەل قىلغىن.

⑤ يەنى مۇشكۇل ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە ھالال-ھارامنى ئايرىپ بېرىشمۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. بۇنىڭ روشەن مەنىسى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدە ئىخچام بايان قىلىنغان ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلدى، مەنىسى ئوچۇق بولمىغان ئىبارىلەرنى شەرھلىدى، ئومۇمىي مەندە كەلگەن ئەھكاملارنى خاسلاشتۇردى. مانا بۇلار ھەدىس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەدىسلەرمۇ ئاللاھ تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىلھام ۋە چۈشەندۈرۈلگەن ئۇقۇمدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىمۇ قۇرئاندەك ئېتىراپ قىلىش زۆرۈردۇر.

⑥ سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن ۋەھىيگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقىڭلار ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭلارنىڭ سەۋەبى سىلەرنىڭ دۇنيا ھاياتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئاخىرەتتىن پۈتۈنلەي غەپلەتتە قالغانلىقىڭلاردىندۇر.

إِلَىٰ رَبِّهَا نَاظِرَةٌ ﴿٢٣﴾ وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ بَاسِرَةٌ ﴿٢٤﴾ تَظُنُّ أَن يُفْعَلَ بِهَا
فَاقِرَةٌ ﴿٢٥﴾ كَلَّآ إِذَا بَلَغَتِ ٱلتَّرَاقِيَ ﴿٢٦﴾ وَقِيلَ مَنْۜ رَاقٍ ﴿٢٧﴾ وَظَنَّ أَنَّهُ
ٱلْفِرَاقُ ﴿٢٨﴾ وَٱلْتَفَّتِ ٱلسَّاقُ بِٱلسَّاقِ ﴿٢٩﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوْمَئِذٍ ٱلْمَسَاقُ ﴿٣٠﴾
فَلَا صَدَّقَ وَلَا صَلَّىٰ ﴿٣١﴾

***رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ① [23]. بۇ كۈندە، نۇرغۇن يۈزلەر تۇتۇق بولىدۇ② [24]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ مۇشكۇللۇككە دۇچار بولىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ③ [25]. شەك-شۈبھىسىزكى④، جان ھەلقۇمغا كەلگەن چاغدا⑤، «(بۇنىڭغا) كىم ئىلاج قىلالايدۇ؟» دېيىلىدۇ⑥ [27-26]. (سەكراتقا چۈشكەن ئادەم) بۇنىڭ (دۇنيادىن) ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ⑦ [28]. (سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن) پاچاق پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ⑧***

***[29]. بۇ كۈنده ھەيدەپ بېرىلىدىغان جاي رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر [30]. كاپىر (قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى⑨ [31].***

① مۇئمىنلەرنىڭ چىرايى ئۇزلىرى قىلغان ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك چىرايلىق، خۇرسەن، نۇرلۇق بولۇپ، خۇشاللىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار يەنە پەرۋەردىگارىنىڭ جامالىنى ئاشكارا كۆرۈش شەرىپىگە نائىل بولىدۇ. ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. بۇ ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئەقىدىسىدۇر.

② بۇ كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى بولۇپ، قارا ۋە نۇرسىز كۆرۈنىدۇ. ﴿بَاسِرَةٌ﴾ ئۇلارنىڭ چىرايى قورقۇنچ ۋە ئەندىشىدىن تاتىرىپ كەتكەن بولىدۇ.

③ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ.

④ يەنى ئېنىقكى، كاپىرنىڭ قىيامەتكە ئىمان ئېيتىشى مۇمكىن ئەمەس.

⑤ ﴿الـتَّرَاقِيَ﴾ '' تَرْقُـوَةٌ '' «ھەلقۇم»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، كۆكرەك بىلەن ئېڭەكنىڭ ئارىسىدىكى بىر سۆڭەكتۇر. يەنى سىلەرنى ئۆلۈم چاڭگىلىغا ئالغاندا.

⑥ يەنى سىلەر سەكراتقا چۈشكەن چاغدا، قاراپ تۇرغانلاردىن بىرەر دوختۇر ياكى دەم سالغۇچى سىلەرنى داۋالاپ، ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزالامدۇ؟ بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى مۇنداق شەرھلىگەن: ئۇنىڭ جېنىنى كىملەر ئېلىپ ماڭىدۇ؟ رەھمەت پەرىشتىلىرى ئېلىپ ماڭىدىمۇ ياكى ئازاب پەرىشتىلىرىمۇ؟ بۇ شەرھگە ئاساسەن يۇقىرىدىكىسى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزى بولغان بولىدۇ.

⑦ يەنى ئۇ ئادەم جان بېرىدىغان ۋاقىتنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئەمدى ئۆزىنىڭ مال-مۈلۈك ، بالا-چاقا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلىرىدىن جۇدا بولىدىغان باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى بىلىدۇ.

⑧ بۇنىڭدىن ئۆلىدىغان چاغدىكى پاچاقنىڭ پاچاققا كىرىشىپ كېتىشى ياكى كەينى-كەينىدىن بولىدىغان ئاغرىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كۆپ

ساندىكى مۇپەسسىرلەر ئىككىنچى مەنىنى ئالغان. (فەتھۇلقەدىر)

⑨ يەنى بۇ كاپىر ئىنسان ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ۋە قۇرئانغا ئىشەنمىدى، نامازمۇ ئوقۇمىدى. يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلمىدى.

وَلَٰكِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٣٢﴾ ثُمَّ ذَهَبَ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ يَتَمَطَّىٰٓ ﴿٣٣﴾ أَوْلَىٰ
لَكَ فَأَوْلَىٰ ﴿٣٤﴾ ثُمَّ أَوْلَىٰ لَكَ فَأَوْلَىٰٓ ﴿٣٥﴾ أَيَحْسَبُ ٱلْإِنسَٰنُ أَن يُتْرَكَ
سُدًى ﴿٣٦﴾ أَلَمْ يَكُ نُطْفَةً مِّن مَّنِىٍّ يُمْنَىٰ ﴿٣٧﴾ ثُمَّ كَانَ عَلَقَةً فَخَلَقَ
فَسَوَّىٰ ﴿٣٨﴾ فَجَعَلَ مِنْهُ ٱلزَّوْجَيْنِ ٱلذَّكَرَ وَٱلْأُنثَىٰٓ ﴿٣٩﴾ أَلَيْسَ ذَٰلِكَ
بِقَٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يُحْـِۧىَ ٱلْمَوْتَىٰ ﴿٤٠﴾

*ئەكسىچە، (قۇرئاننى) يالغان دېدى ۋە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى① [32]. ئاندىن كېرىلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى② [33]. ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! [34] يەنە ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا!③ [35] ئىنسان ئۆزىنى (شەرىئەت ئەھكاملىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) بىكار قويۇپ بېرىلمەن دەپ ئويلامدۇ؟④ [36] ئۇ ئەسلىدە (بالىياتقۇغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز) مەنىي ئەمەسمىدى؟ [37] ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى چىرايلىق ۋە مۇكەممەل شەكىلدە (ئىنسان قىلىپ) ياراتتى⑤ [38]. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئەر ـ ئايال ـ ئىككى تىپنى ياراتتى [39]. (بۇ ئىشلارنى قىلالىغان ئاللاھ) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟⑥ [40]*

① يەنى ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئاننى ۋە ئەلچىسىنى ئىنكار قىلدى. ئىمان ۋە ئىتائەتتىن يۈز ئۆرىدى.

② ﴿يَتَمَطَّىٰ﴾ ھەددىدىن ئاشقان ۋە چوڭچىلىق قىلغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

③ يەنە بىر مەنىسى: «ساڭا (ھالاكەت) تېگىشلىكتۇر! تېگىشلىك بولغاندىمۇ تازا تېگىشلىكتۇر!» بۇ تەھدىت ۋە بەددۇئا قىلىش ئۈچۈن

ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە بولۇپ، ئەسلىسى " أَوْلَاكَ اللهُ مَا تَكْرَهُهُ " بولۇپ، ئاللاھ سېنى سەن ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشقا دۇچار قىلسۇن! دېگەن مەنىدە.

④ يەنى ئىنسان ئۆزىنى ھېچ ئىشقا بۇيرۇلمايمەن، ھېچ ئىشتىن چەكلەنمەيمەن، مەندىن ھېساپ ئېلىنمايدۇ ۋە جازالانمايمەن دەپ ئويلامدۇ؟ ياكى ئۆزىنى قەبرىدە مەڭگۈ قالىمەن، ئۇ يەردىن تىرىلدۈرۈلۈپ، چىقىرىلمايمەن، دەپ ئويلامدۇ؟

⑤ ﴿فَسَوَّىٰ﴾ ئاللاھ ئىنساننى مۇكەممەل شەكىلدە ياراتتى. ئۇنى ئەزالىرى ساغلام، قەددى-قامەتلىك قىلدى، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىدى.

⑥ يەنى ئىنساننى تۇرلۇك باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزۈپ ياراتقان ئاللاھ ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر.

# سۈرە ئىنسان

| (٧٦) سورة الانسان مكية ٣١ آية | (76) سۈرە ئىنسان مەككىدە چۈشكەن 31 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

هَلۡ أَتَىٰ عَلَى ٱلۡإِنسَٰنِ حِينٞ مِّنَ ٱلدَّهۡرِ لَمۡ يَكُن شَيۡـٔٗا مَّذۡكُورًا ١
إِنَّا خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن نُّطۡفَةٍ أَمۡشَاجٖ نَّبۡتَلِيهِ فَجَعَلۡنَٰهُ سَمِيعَۢا
بَصِيرًا ٢ إِنَّا هَدَيۡنَٰهُ ٱلسَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرٗا وَإِمَّا كَفُورًا ٣

***ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۇنىڭغا جان كىرىشتىن بۇرۇن) زامانلاردىن مەلۇم بىر مۇددەتنى (باشتىن) ئۆتكۈزدىكى، شۇ مۇددەتتە ئۇ تىلغا ئېلىنغۇدەك بىر نەرسە ئەمەس ئىدى① [1]. ھەقىقەت شۇكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىيدىن (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىلاشما مەنىيسىدىن) ياراتتۇق②، بىز ئۇنى سىنايمىز، شۇڭا ئۇنى (نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق③ [2]. شەكسىزكى، بىز ئۇنىڭغا (پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ يا (ياخشى يولدا مېڭىپ) شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ، ياكى (يامان يولدا مېڭىپ) تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ④ [3].***

★ بۇ سۈرە مەدىنىدە چۈشكەنمۇ ياكى مەككىدىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ مەۋجۇت. كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ئۇنى مەدىنىدە چۈشكەن، دەپ قارايدۇ. بىر قىسىم مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئون ئايىتى مەككىدە چۈشكەن، قالغىنى مەدىنىدە چۈشكەن، دەيدۇ. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 884-ھەدىس) ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە ئىنساننى ئوقۇيتتى». (سەھىھ مۇسلىم 879-ھەدىس) بۇ سۈرە «سۈرە دەھر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

① ﴿هَلْ﴾ بۇ يەردە ئۆتكەن زاماندا يۈز بېرىپ بولغان ئىشنى بىلدۈرىدىغان «قَدْ» مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، تەرجىمىدىمۇ شۇنداق مەنە بېرىلگەن. ﴿الْإِنْسَانَ﴾ دېگەندىن بەزى مۇپەسسىرلەر ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى يەنى تۇنجى بولۇپ يارىتىلغان ئىنسان  ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ﴿حِينٌ﴾ «بىر مۇددەت» ئىنسانغا جان كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرىكى قىرىق يىللىق مۇددەتنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام مەزكۇر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، دېگەن مەنىدە. كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ يەردىكى ﴿الْإِنْسَانَ﴾ تۈرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ﴿حِينٌ﴾ دېگەن ئىنسان ئانىسىنىڭ رەھىمىدە ئۆتكۈزىدىغان مۇددەتنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئانىسىنىڭ رەھىمىدە تىلغا ئالغۇدەك نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ ئايەتتە ئىنسانغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدىكى، ئىنسان ئۆز-ئۆزىدىن، تۆرەلمە ھالىتىمدە مېنى كىم تونۇيتتى؟ مېنى كىم يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى؟ دەپ سورىسۇن! ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنۇتمىسۇن! ئۇنىڭغا گۈزەل ھۆسن-جامال ئاتا قىلىپ، دۇنياغا كەلتۈرگەن رەببىنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتمىسۇن!

② «ئارىلاشما مەنىي» يەنى بىز ئىنساننى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسىنىڭ ئارىلاشمىسىنى بىر قانچە باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزۈپ ياراتتۇق. ئىنساننى يارىتىشتىكى مەقسەت ئۇنى سىناشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن﴾. (سۈرە مۇلك 2-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

③ يەنى ئىنسان ھەممە نەرسىنى كۆرسۇن ۋە ئاڭلىسۇن، ئاندىن ئىتائەت ياكى ئاسىيلىقتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارى ئاتا قىلدۇق.

④ يەنى بىز ئىنسانغا مەزكۇر ئىقتىدارلارنى ئاتا قىلغاندىن سىرت يەنە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، كىتابلارنى نازىل قىلدۇق، ھەقكە دەۋەت قىلغۇچىلار ئارقىلىق توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويدۇق. ئەمدى ئىختىيار ئۇنىڭ ئۆزىدە. ئۇ ئاللاھقا بويسۇنۇش يولىنى تاللاپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىلەردىن بولامدۇ ياكى ئاسىيلىق يولىنى تاللاپ، تۇزكورلاردىن بولامدۇ، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر كىم ئۆز يولىدا ماڭىدۇ (ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ)، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يا ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ ياكى نابۇت قىلىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 223 ـ ھەدىس) يەنى ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئەمەل ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ ياكى قۇتقۇزىدۇ. ئەگەر ئەمەلى بىلەن يامان ئاقىۋەتكە قالسا، ئۆزىنى نابۇت قىلغان بولىدۇ؛ ئەگەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشسە، ئۆزىنى قۇتقۇزغان بولىدۇ.

إِنَّآ أَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ سَلَٰسِلَاْ وَأَغۡلَٰلٗا وَسَعِيرًا ٤ إِنَّ ٱلۡأَبۡرَارَ
يَشۡرَبُونَ مِن كَأۡسٖ كَانَ مِزَاجُهَا كَافُورًا ٥ عَيۡنٗا يَشۡرَبُ بِهَا عِبَادُ
ٱللَّهِ يُفَجِّرُونَهَا تَفۡجِيرٗا ٦ يُوفُونَ بِٱلنَّذۡرِ وَيَخَافُونَ يَوۡمٗا كَانَ
شَرُّهُۥ مُسۡتَطِيرٗا ٧ وَيُطۡعِمُونَ ٱلطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ مِسۡكِينٗا وَيَتِيمٗا
وَأَسِيرًا ٨

*شەكسىزكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن (پۇتلىرىغا سېلىنىدىغان) زەنجىرلەرنى، (بويۇنلىرىغا سېلىنىدىغان) تاقاقلارنى ۋە يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق① [4]. ياخشىلار چوقۇم كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (شاراب بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ② [5]. (ئۇ شاراب جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن (ئېتىلىپ چىققان) بولۇپ③، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا ئوڭايلا) ئېقىتىپ بارالايدۇ④ [6]. (ئۇلار بۇ دۇنيادا شۇنداق كىشىلەركى) ئۇلار (ئۆزىگە) ۋەدە قىلغان ئىشنى ئورۇنلايدۇ⑤ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ⑥ [7]. ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق⑦، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ [8].*

① مانا بۇ ئاللاھ تائالا بەرگەن تاللاش ئىختىيارى ۋە ئەركىنلىكنى خاتا ئىستېمال قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

② بۇ يەردە يامانلارنىڭ قارشىسىدا ياخشىلار تىلغا ئېلىنىدى. ﴿كَأْسٍ﴾ لىق تولدۇرۇلغان ۋە يالتىراپ تۇرغان جام دېگەن مەنىدە. كافۇر تەنگە راھەت بېغىشلايدىغان، سوغۇق ۋە خۇش پۇراقلىق نەرسە بولۇپ، شارابقا ئارىلاشتۇرۇلسا، شاراپ تېخىمۇ لەززەتلىك ۋە خۇشپۇراق بولۇپ كېتىدۇ.

③ يەنى كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان شاراب بىر قانچە جام ۋە شىشىلەردىلا ئەمەس، بەلكى مەخسۇس بۇلاقلاردا بولىدۇ، يەنى ھەرگىز تۈگەپ قالمايدۇ.

④ ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى جەننەتتە ئۇ شارابلارنى قەسىرلەرنىڭ، ئۆيلەرنىڭ، ئارامگاھلارنىڭ، ھەتتا سىرتتىكى مەيدانلارنىڭ ۋە تۈرلۈك سورۇنلارنىڭ خالىغان جايلىرىغا ئېقتىپ بارالايدۇ. دېمەك، ئۇنى نەدە خالىسا، شۇ يەردە ئىچەلەيدۇ.

⑤ يەنى پەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ئۆزلىرىگە بىر ئىشنى قىلىشنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنى ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن تولۇق ئادا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مۇسۇلمان ئۆزى قىلمەن دەپ ئۆزىگە ۋەدە بەرگەن ئىشنى، گۇناھ بولمايدىغانلا بولسا ئادا قىلىشى ۋاجىبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلغان بولسا (ئىرادە قىلغان بولسا)، ئۇ ئۇنى ئورۇندىسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلغان بولسا (ئىرادە قىلغان بولسا)، ئۇ ئۇنىڭدىن يانسۇن». (سەھىھۇل بۇخارى 6696-ھەدىس)

⑥ يەنى ئۇلار قىيامەت كۈنىدىكى ھېسابنىڭ قاتتىقلىقىدىن قورقۇپ گۇناھ ۋە ھارام ئىشلارنى قىلمايدۇ. ﴿دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈن﴾نىڭ دەھشىتىدىن ئاللاھ تائالا مەرھەمەت قىلىپ، گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغان كىشىلا ئامان قالىدۇ. باشقىلارنى بولسا، قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتى ئوراپ ئالىدۇ.

⑦ ئۇلار تائامنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ، موھتاجلارغا يېگۈزىدۇ. ئەسىرلەر گەرچە مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، ئۇلارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش تەكىتلەندى. بۇنىڭ

ئەمەلىي مىسالى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى بەدرى غازىتىدا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. شۇڭا ساھابىلار ئالدى بىلەن ئەسىرلەرگە تاماق بەرگەن، ئاندىن ئۆزلىرى تاماق يېگەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) شۇنىڭدەك قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان چاكارلار، خىزمەتچىلەر، قۇللارمۇ ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلەردە قۇللارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەكىتلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ: «سىلەر نامازغا ۋە قول ئاستىڭلاردىكىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈڭلار». (سۈنەنى ئىبنى ماجە 2698 ـ ھەدىس)

إِنَّمَا نُطْعِمُكُمْ لِوَجْهِ ٱللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنكُمْ جَزَآءً وَلَا شُكُورًا ﴿٩﴾
إِنَّا نَخَافُ مِن رَّبِّنَا يَوْمًا عَبُوسًا قَمْطَرِيرًا ﴿١٠﴾ فَوَقَىٰهُمُ ٱللَّهُ شَرَّ
ذَٰلِكَ ٱلْيَوْمِ وَلَقَّىٰهُمْ نَضْرَةً وَسُرُورًا ﴿١١﴾ وَجَزَىٰهُم بِمَا صَبَرُوا۟ جَنَّةً
وَحَرِيرًا ﴿١٢﴾ مُّتَّكِـِٔينَ فِيهَا عَلَى ٱلْأَرَآئِكِ لَا يَرَوْنَ فِيهَا شَمْسًا وَلَا
زَمْهَرِيرًا ﴿١٣﴾ وَدَانِيَةً عَلَيْهِمْ ظِلَـٰلُهَا

*(ئۇلار ئېيتىدۇ) «بىز سىلەرگە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا تائام بېرىمىز، (بۇنىڭ بەدىلىگە) سىلەردىن ھېچقانداق (ياندۇرۇق) مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز [9]. چۈنكى بىز ئىنتايىن ئېغىر ۋە قاتتىق (بولىدىغان قىيامەت) كۈنىدە رەببىمىز (نىڭ ئازابى)دىن قورقىمىز① » [10]. (ئەلۋەتتە) ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلايدۇ②، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ③ [11]. ئۇلار (تائەت ـ ئىبادەتتە) چىدامچان بولغانلىقى ئۈچۈن④ ئاللاھ ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (جەننەتتىكى) يىپەك (كىيىملەر) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ [12]. ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ⑤ [13]. جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا (ئېگىلىپ) چۈشۈپ تۇرىدۇ⑥،*

① ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﴿قَمۡطَرِيرًا﴾نىڭ مەنىسىنى ئۇزۇن. ﴿عَبُوسٗا﴾نىڭ مەنىسىنى قاتتىق دەپ تەپسىر قىلغان. يەنى ئۇ كۈن ناھايىتى قاتتىق بىر كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ قاتتىقلىقى ۋە دەھشىتىدىن كاپىرلارغا ناھايىتى ئۇزۇن بىلىنىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② چۈنكى، ئۇلار ئۇ كۈننىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ ياشايتتى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلاتتى.

③ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە خۇشاللىق ئالامەتلىرى زاھىر بولىدۇ، كۆڭۈللىرى خۇرسەنلىككە تولىدۇ. ئىنساننىڭ كۆڭلى خۇرسەنلىككە تولغان چاغدا، ئۇنىڭ چىرايىمۇ خۇشاللىقتىن نۇرغا تولىدۇ. ھەدىستە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال بولسا، ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزى تولۇن ئاينىڭ بىر پارچىسىدەك نۇرلىنىپ كېتەتتى». دەپ تەسۋىرلەنگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 4418-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2769-ھەدىس)

④ سەۋر قىلىش ۋە چىدامچان بولۇشنىڭ بۇ ئايەتتىكى مەنىسى: دىن يولىدا كەلگەن كۈلپەتلەرگە شىكايەت قىلماستىن بەرداشلىق بېرىش، ئاللاھقا بويسۇنۇش جەريانىدا نەپسىنىڭ خاھىشلىرى ۋە لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىش دېمەكتۇر.

⑤ ﴿زَمۡهَرِيرٗا﴾ قاتتىق سوغۇقنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك جەننەتنىڭ ھاۋاسى ھەمىشە بىر خىل تۇرىدۇ. ئۇ يەردە نە قاتتىق ئىسسىق، نە تۈگۈلتىدىغان سوغۇق بولمايدۇ.

⑥ جەننەتتە قۇياشنىڭ ئىسسىق ھارارىتى بولمايدۇ، شۇنداق تۇرۇپمۇ، دەرەخلەر جەننەت ئەھلىگە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، دەرەخنىڭ شاخلىرى ۋە مېۋىلىرى ئۇلارغا يېقىن بولىدۇ.

وَذُلِّلَتۡ قُطُوفُهَا تَذۡلِيلٗا ١٤ وَيُطَافُ عَلَيۡهِم بِـَٔانِيَةٖ مِّن فِضَّةٖ
وَأَكۡوَابٖ كَانَتۡ قَوَارِيرَا۠ ١٥ قَوَارِيرَاْ مِن فِضَّةٖ قَدَّرُوهَا تَقۡدِيرٗا ١٦
وَيُسۡقَوۡنَ فِيهَا كَأۡسٗا كَانَ مِزَاجُهَا زَنجَبِيلًا ١٧ عَيۡنٗا فِيهَا تُسَمَّىٰ
سَلۡسَبِيلٗا ١٨ ۞ وَيَطُوفُ عَلَيۡهِمۡ وِلۡدَٰنٞ مُّخَلَّدُونَ إِذَا رَأَيۡتَهُمۡ

حَسِبۡتَهُمۡ لُؤۡلُؤٗا مَّنثُورٗا ﴿١٩﴾

***جەننەتنىڭ مېۋىلىرى (ئۇلارنىڭ ئۈزۈشى ئۈچۈن) ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ① [14]. ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر ۋە (مەي تولدۇرۇلغان) شىشىدىن ياسالغان جاملار ئايلاندۇرۇپ② سۇنۇلۇپ تۇرۇلىدۇ [15]. شىشىلەرمۇ (سۈزۈك) كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ③، ئۇلارنى (ساقىيلار، جەننەت ئەھلىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ)④ [16]. ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جاملارغا تولدۇرۇلغان شاراب بىلەن) سۇغىرىلىدۇ⑤ [17]. (بۇ) جەننەتتىكى سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقتىن (چىققان شارابلاردۇر)⑥ [18]. قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار (مۇلازىم باللار) نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ⑦،***

① يەنى جەننەتتە دەرەخ شاخلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. مېۋىلىرى بولسا قول يەتكۈدەك يەردە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. خۇددى ئىتائەتچان ئاڭلىغۇچىدەك شاخلىرى ئېگىلىپ مېۋىلىرى جەننەت ئەھلىگە شۇ قەدەر يېقىنلىشىدۇكى، ئۇلار ئولتۇرۇپمۇ، يېتىپ تۇرۇپمۇ ئۈزەلەيدۇ. ) تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى خىزمەتچىلەر نازۇنېمەتلەرنى كۆتۈرۈپ جەننەت ئەھلىنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

③ يەنى بۇ تەخسىلەر ۋە جام-قەدەھلەر كۈمۈشتىن ۋە ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى كۆركەم ۋە سۈزۈكتۇر. ئۇنداق نەپىس ياسالغان بويۇملار دۇنيادا تېپىلمايدۇ.

④ يەنى بۇ قەدەھلەرگە شارابلار شۇنداق ئۆلچەملىك شەكىلدە قۇيۇلغان بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇنىڭدىن ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرىدۇ، ئاندىن ئۇسسۇزلۇق ھېس قىلمايدۇ. تەخسىلەر ۋە قەدەھلەردىكى نېمەتلەر ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كەم بولۇپمۇ قالمايدۇ. ئەنە شۇنداق مېھماندارچىلىق بىلەن مېھمانلارغا ئالاھىدە ئىززەت-ئىكرام قىلىنىدۇ.

⑤ ﴿زَنْجَبِيلً﴾ ھۆل ۋە قۇرۇق زەنجىۋىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولىدۇ. زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان شارابلار ئىچكەنلەرنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەيدۇ. ئۇنى ئەرەبلەر بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار چاي-قەھۋەلىرىگە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىدۇ. دېمەك جەننەت ئەھلى بەزىدە كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان سوغۇق سۇلارنى ئىچسە، بەزىدە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان ئىسسىق شارابلارنى ئىچىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑥ يەنى زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان شارابلار ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق بولۇپ، ئۇ «سەلسەبىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

⑦ شارابلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمدى غىلمانلارنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. «قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان« دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، 1-جەننەت ئەھلى ئۆلمەي مەڭگۈ ياشىغاندەك، ساقىيلارمۇ ئۆلمەيدۇ. 2-غىلمانلارنىڭ ياشلىق ۋە لاتاپەتلىك ھالىتى ھەمىشە بىر خىل تۇرىدۇ. قېرىپمۇ قالمايدۇ، ھۆسن-جامالىمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.

وَإِذَا رَأَيْتَ ثَمَّ رَأَيْتَ نَعِيمًا وَمُلْكًا كَبِيرًا ﴿٢٠﴾ عَٰلِيَهُمْ ثِيَابُ
سُندُسٍ خُضْرٌ وَإِسْتَبْرَقٌ وَحُلُّوٓا۟ أَسَاوِرَ مِن فِضَّةٍ وَسَقَىٰهُمْ رَبُّهُمْ
شَرَابًا طَهُورًا ﴿٢١﴾ إِنَّ هَٰذَا كَانَ لَكُمْ جَزَآءً وَكَانَ سَعْيُكُم
مَّشْكُورًا ﴿٢٢﴾ إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ تَنزِيلًا ﴿٢٣﴾ فَٱصْبِرْ
لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تُطِعْ مِنْهُمْ ءَاثِمًا أَوْ كَفُورًا ﴿٢٤﴾

*سەن ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلۈكى ۋە نۇرلۇقلۇقىغا قاراپ) ئۇلارنى (ئەتراپقا) چېچىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن① [19]. سەن ئۇ يەردە (يەنى جەننەتتە) قەيەرگە قارىساڭ②، شۇ يەردە (تەسۋىرلەپ بولغۇسىز) نېمەتلەرنى ۋە شاھانە تۇرمۇشنى كۆرىسەن [20]. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدا يۇپقا ۋە قېلىن يىپەكتىن (تىكىلگەن) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ③، ئۇلارغا*

*كۈمۈش بىلەزۈكلەر سېلىپ قويۇلىدۇ④، رەببى ئۇلارنى پاك ـ پاكىز شارابلار بىلەن سۇغىرىدۇ [21]. (ئۇلارغا ئېيتىلىدۇكى) «شەكسىزكى، بۇ سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ (دۇنيادىكى) تىرىشچانلىقىڭلار تەقدىرلەندى (قوبۇل بولدى) [22]. (ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن بىز ساڭا قۇرئاننى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق⑤ [23]. سەن رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن⑥، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كاپىرغا بويسۇنمىغىن⑦ [24].*

① يەنى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەتراپىدا خىزمەت قىلىدىغان ياش غىلمانلار يۈزلىرىنىڭ نۇرلۇقلۇقى، كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ يارىشىملىقى ۋە تاقىغان زىبۇزىننەتلىرىنىڭ گۈزەللىكىدە خۇددى چېچىلغان مەرۋايىتلارغا ئوخشايدۇ.

② ﴿ثَمَّ﴾ ماكاننى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «هُنَاكَ " «ئۇ يەردە». يەنى جەننەتتە قەيەرگە قارىساڭ، شۇ يەردە چەكسىز نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن، دېگەن مەنىدە.

③ ﴿سُنْدُسٍ﴾ نېپىز يىپەك كىيىم. ﴿إِسْتَبْرَقٌ﴾ قېلىن يىپەك كىيىمنى كۆرسىتىدۇ.

④ بىر زامانلاردا پادىشاھلار، ئەمىرلەر ۋە بايلار شۇنداق ئۈزۈكلەرنى تاقايتتى.

⑤ يەنى بىز قۇرئاننى بىر قېتىمدىلا توپ نازىل قىلماستىن، زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجغا قاراپ، ھەر خىل ۋاقىتلاردا بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: بۇ قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، مۇشرىكلار دەۋا قىلغاندەك سەن ئۆزۈڭ توقۇغان نەرسە ئەمەس.

⑥ يەنى ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتكىن. ئۇنىڭ ساڭا ياردەم بېرىشىنى كېچىكتۈرگەنلىكىدە ھېكمەت بار. شۇڭا، سەۋر قىلغىن ۋە جۈرئەتلىك بولغىن.

⑦ يەنى ئەگەر ئۇلار سېنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن توسماقچى

بولسا، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ بويسۇنمىغىن، بەلكى تەبلىغ قىلىش ۋە دەۋەتنى يەتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرغىن، بۇ يولدا ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلغىن. چۈنكى، ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ﴿اٰثِمًا﴾ ئەمەلدە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدىغان ئادەم. ﴿كَفُوْرًا﴾ دىلىدىن كاپىر بولغۇچى ياكى كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقۇچى دېگەن مەنىدە. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇ ئادەمدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن بۇ دەۋەتتىن ۋاز كەچكىن، بىز ساڭا خالىغان مىقداردا بايلىق توپلاپ بېرەيلى ۋە ئەرەبلەر ئىچىدىن قايسىبىر قىزنى ئالماقچى بولساڭ، شۇنى ساڭا ئېلىپ بېرەيلى، دېگەن ئىدى. (فەتھۇلقەدىر)

وَٱذْكُرِ ٱسْمَ رَبِّكَ بُكْرَةً وَأَصِيلًا ﴿٢٥﴾ وَمِنَ ٱلَّيْلِ فَٱسْجُدْ لَهُۥ وَسَبِّحْهُ لَيْلًا طَوِيلًا ﴿٢٦﴾ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ يُحِبُّونَ ٱلْعَاجِلَةَ وَيَذَرُونَ وَرَآءَهُمْ يَوْمًا ثَقِيلًا ﴿٢٧﴾ نَّحْنُ خَلَقْنَٰهُمْ وَشَدَدْنَآ أَسْرَهُمْ ۖ وَإِذَا شِئْنَا بَدَّلْنَآ أَمْثَٰلَهُمْ تَبْدِيلًا ﴿٢٨﴾ إِنَّ هَٰذِهِۦ تَذْكِرَةٌ ۖ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلًا ﴿٢٩﴾ وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٣٠﴾ يُدْخِلُ مَن يَشَآءُ فِى رَحْمَتِهِۦ ۚ وَٱلظَّٰلِمِينَ أَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿٣١﴾

***ئەتىگەن ـ ئاخشامدا رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ياد ئەتكىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن، رەببىڭگە كۆپ تائەت ـ ئىبادەت قىلغىن)① [25]. كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلغىن (يەنى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن)، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن② [26]. شەكسىزكى، ئاشۇلار (يەنى مۇشرىكلار) دۇنيالىقنىلا ياخشى كۆرىدۇ (يەنى دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق بىلىدۇ)③، ئالدىدىكى (يەنى كەلگۈسىدىكى) قىيىن بىر كۈنگە (يەنى قىيامەت كۈنگە) سەل قارايدۇ④ [27]. ئۇلارنى بىز ياراتتۇق، بەدىنىنى مەزمۇت (ساغلام) قىلدۇق⑤، ئەگەر بىز خالىساق (ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ) ئورنىغا ئۇلارغا ئوخشاش باشقا ئادەملەرنى دەسسىتەتتۇق⑥ [28]. شەكسىزكى، بۇ (ئايەتلەر) بىر ۋەز ـ نەسىھەتتۇر (بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتىن***

*پايدىلىنىشىنى) خالىغان ئادەم رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتسۇن⑦ [29]. پەقەت ئاللاھ خالىغان چاغدىلا، ئاندىن سىلەر (بىرەر ئىشنى) خالىيالايسىلەر⑧ (يەنى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر). شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر⑨ [30]. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ (ئىمان ئېيتماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى⑩ [31].*

① «ئەتىگەن-ئاخشامدا» يەنى ھەممە ۋاقىت ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرغىن دېگەن بولىدۇ ياكى «ئەتىگەن» دېگەندىن بامدات نامىزى. «ئاخشام» دېگەندىن ئەسىر نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② ﴿كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلغىن﴾ دېگەندىن بىر قىسىم مۇپەسسىرلەر شام ۋە خۇپتەن نامازلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. تەسبىھ ئېيتىشنىڭ مەنىسى، ئاللاھقا لايىق بولمىغان نەرسىلەردىن ئۇنىڭ پاكلىقىنى بايان قىلىش، دېمەكتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن كېچىدە ئوقۇلىدىغان نەپلە ناماز يەنى تەھەججۇد نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بۇ يەردىكى بۇيرۇقنىڭ ھۆكمى مۇستەھەپ دەرىجىسىدە بولۇپ، قىلغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ، قىلالمىغانلارغا گۇناھ بولمايدۇ.

③ يەنى مەككە كاپىرلىرى ۋە ئۇلار بىلەن بىر ئېقىمدىكى كىشىلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئاخىرەتكە سەل قارايدۇ.

④ يەنى قىيامەت قاتتىق ۋە دەھشەتلىك بىر كۈن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن «قىيىن بىر كۈن» دەپ ئاتالدى. «سەل قارايدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى: ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، پەرۋا قىلمايدۇ.

⑤ يەنى بىز ئۇلارنىڭ جىسمىنى پۇختا ۋە مەزمۇت قىلىپ ياراتتۇق. يەنە بىر مەنىسى: جىسمىنىڭ بوغۇملىرىنى تومۇر، مۇسكۇل، نېرۋا ۋە پەيلەر ئارقىلىق بىر-بىرىگە باغلىدۇق يەنى قۇراشتۇردۇق.

⑥ يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ، ئورنىغا باشقا قەۋملەرنى يارىتاتتۇق. يەنە بىر مەنىسى: بىز خالىساق، ئۇلارنى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈپ،

مۇستەھكەملىكتە ئۇلارغا ئوخشاش باشقا بىر خەلق قىلىپ يارىتالايتتۇق. بۇنداق قىلىشقا بىز قادىرمىز.

⑦ يەنى بۇ قۇرئاندىن ھىدايەت ھاسىل قىلسۇن، ئۇنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلسۇن.

⑧ يەنى سىلەردىن ھېچكىم ئۆزىنى ئۆزى ھىدايەتكە باشلاشقا قادىر ئەمەس. ئۆزىگە ئۆزى مەنپەئەت يەتكۈزۈشكىمۇ قادىر ئەمەس. پەقەت ئاللاھ خالىغاندىلا ئاندىن قادىر بولالايدۇ. ئاللاھنىڭ خاھىشى بولماي تۇرۇپ، سىلەر ھېچ ئىش قىلالمايسىلەر. ئەمما، ياخشى نىيەتكە ئاللاھ تائالا چوقۇم ساۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر. ھەر كىم نېمىنى نىيەت قىلغان بولسا، شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 1ـ ھەدىس)

⑨ چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بىر قارارى ھېكمەت بىلەن بولىدۇ. ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقمۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. ھىدايەت بېرىلگەنلەر ئەمەلىيەتتە شۇنىڭغا لايىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ. گۇمراھ بولغانلارمۇ ھەقىقەتتە شۇنىڭغا لايىق بولغانلىقى ئۈچۈن گۇمراھ بولغان بولىدۇ.

⑩ ﴿وَالظّٰلِمِيْنَ﴾نىڭ زەۋەر ئوقۇلغانلىقى (يەنى تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەنلىكى) ئۇنىڭ ئالدىدا جۈملىدىن قالدۇرۇلغان «يُعَذِّبُ» «ئازابلايدۇ» دېگەن ئۆتۈملۈك پېئىل بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. يەنى ئاللاھ زالىملارنى ئازابلايدۇ. چۈنكى، بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى خالىماي، رەببىگە يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتمىغانلار زالىملاردۇر.

# سۈرە مۇرسەلات

| (٧٧) سورة المرسلت مكية ٥٠ آية | (77) سۈرە مۇرسەلات مەككىدە چۈشكەن 50 ئايەت |
| --- | --- |

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلۡمُرۡسَلَٰتِ عُرۡفًا ١ فَٱلۡعَٰصِفَٰتِ عَصۡفًا ٢ وَٱلنَّٰشِرَٰتِ نَشۡرًا ٣

***ئارقىمۇئارقا (ئۇزۇلمەي) چىقىقۇچى (لەرزان) شاماللار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [1]، شىددەت بىلەن چىقىقۇچى بورانلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى② [2]، (بۇلۇتلارنى ئاللاھ خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شامالار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى③ [3]***

★ بۇ سۈرىنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقى سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا بايان قىلىنغان. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مىنا تېغىدا بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇرسەلات سۈرىسى چۈشتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنى ئوقۇدى. مەن بۇ سۈرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئۆگىنىۋالدىم. شۇ چاغدا بىر يىلان بىز تەرەپكە تۇيۇقسىز سەكرەپ چۈشتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى. بىز ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تېز ھەرىكەت قىلدۇق. لېكىن، ئۇ قېچىپ كەتتى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىپ قالغىنىڭلاردەك، ئۇمۇ سىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىڭلاردىن ساقلىنىپ قالدى» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4930-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2234-ھەدىس) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرسەلات سۈرىسىنى ناماز شامدا ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان. (سەھىھۇل بۇخارى 763-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 462-ھەدىس)

① ﴿عُرۡفٗا﴾ : ئارقىمۇئارقا، ئۇزۇلمەي دېگەن مەنىدە. بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿ٱلۡمُرۡسَلَٰتِ﴾ دېگەندىن پەرىشتىلەر، بەزىلەر پەيغەمبەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ﴿عُرۡفٗا﴾نىڭ مەنىسى ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيي ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرى دېگەن بولىدۇ. يەنى ۋەھيي ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن ئەۋەتىلگەن پەرىشتىلەر ياكى پەيغەمبەرلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېگەن بولىدۇ.

② يەنە بىر مەنىسى: بورانلار ئارقىلىق ئازاب ئېلىپ كەلگۈچى ياكى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بوراندەك تېز ئېلىپ كەلگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى.

③ يەنى بۇلۇتلارنى ئاسماندا ھەر قايسى تەرەپلەرگە تارقاتقۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى. ئەمما ئىمام ئىبنى كەسىر ۋە ئىمام تەبەرى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئايەتنىڭ ھەممىسىدىن شاماللار مەقسەت قىلىنغان دېگەن قاراشنى كۈچلۈك دەپ قارىغان. شۇڭا ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ شامال دەپ ئېلىنغان.

فَٱلۡفَٰرِقَٰتِ فَرۡقٗا ۝٤ فَٱلۡمُلۡقِيَٰتِ ذِكۡرًا ۝٥ عُذۡرًا أَوۡ نُذۡرًا ۝٦ إِنَّمَا
تُوعَدُونَ لَوَٰقِعٞ ۝٧ فَإِذَا ٱلنُّجُومُ طُمِسَتۡ ۝٨ وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ
فُرِجَتۡ ۝٩ وَإِذَا ٱلۡجِبَالُ نُسِفَتۡ ۝١٠ وَإِذَا ٱلرُّسُلُ أُقِّتَتۡ ۝١١ لِأَيِّ يَوۡمٍ
أُجِّلَتۡ ۝١٢

***(ھەق بىلەن باتىلنى، ھارام بىلەن ھالالنى) ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى①*** [4]، ***(بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن② (پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى③*** [6 ـ 5]، ***سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش (يەنى قىيامەت، ھېساب ۋە جازا) چوقۇم بولىدۇ④*** [7]. ***(ئۇ قىيامەت) يۇلتۇزلارنىڭ (نۇرى) ئۆچۈرۈلگەن چاغدا⑤*** [8]. ***ئاسمان يېرىلغان چاغدا*** [9]. ***تاغلار تىتىلىپ (بوران ئۇچۇرتقان توزانلاردەك) توزۇغان چاغدا⑥*** [10]. ***پەيغەمبەرلەرگە (ئۈممەتلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشكە) ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا (ۋەدە قىلىنغان قىيامەت مەيدانىغا كېلىدۇ)⑦*** [11]. ***(پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئائىت ئىشلار) قايسى بۈيۈك كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟⑧*** [12].

① يەنى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ئەھكاملارنى ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى. ياكى ئۇنىڭدىن ھارام بىلەن ھالالنى بايان قىلىدىغان قۇرئان ئايەتلىرى ياكى ۋەھيي ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى بايان قىلغۇچى پەيغەمبەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② بۇ يەردە، بەندىلەرگە ئۆزرە قالدۇرماسلىق ياكى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى سەۋەب بايان قىلىندى. بەندىلەر: بىزگە ئاللاھنىڭ ئەمرى-پەرمانىنى يەتكۈزىدىغان ھېچكىم كەلمىگەن دەپ باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا قارشى ھۆججەت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي ئېلىپ چۈشىدۇ. ياكى ئۇنىڭدىن ئىنكار قىلغانلار ۋە كاپىر بولغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ياكى مۆئمىنلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْمُرْسَلٰتِ﴾، ﴿الْعٰصِفٰتِ﴾، ﴿النّٰشِرٰتِ﴾ دېگەندىن شامااللار، ﴿الْفٰرِقٰتِ﴾، ﴿الْمُلْقِيٰتِ﴾ دېگەندىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئەڭ توغرا قاراشتۇر.

③ يەنە بىر مەنىسى: ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھيىنى ئۈممەتلىرىگە يەتكۈزگۈچى پەيغەمبەرلەر بىلەن قەسەمكى.

④ قەسەملەردىن مەقسەت ئاڭلىغۇچىلارغا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېيىلگەن سۆزنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ۋە ئۇنىڭ راستلىقىنى ئىزھار قىلىشتۇر. يۇقىرىدىكى قەسەملەرنىڭ جاۋابى شۇكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان قىيامەت چوقۇم بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن شەكلىنىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش زۆرۈردۇر. قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ ئۇنى تۆۋەندىكى ئايەت بايان قىلىدۇ.

⑤ ﴿طُمِسَتْ﴾نىڭ مەنىسى ئۆچۈرۈلۈش، نىشانى يوق بولۇش. يەنى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەن ھەتتا ئۇلارنىڭ نام-نىشانلىرىمۇ قالمىغان چاغدا.

⑥ يەنى تاغلار تىتىلىپ كۇكۇم تالقان قىلىنغان، زېمىن تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن چاغدا.

⑦ يەنى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت كەلگەن چاغدا. شۇ چاغدا پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بويىچە ئۇممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

⑧ بۇ يەردىكى سوئال قىيامەت كۈنىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر ھەيرانلىقتا قالىدىغان كۈن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى ئۇ بۈيۈك كۈننىڭ دەھشىتى ۋە قورقۇنچىسىدىن كىشىلەر ھەيرانلىقتا تېڭىرقاپلا قالىدۇ. بۇ پەيغەمبەرلەرنى قەۋملىرى بىلەن جەم قىلىدىغان كۈندۇر.

**لِيَوْمِ ٱلْفَصْلِ ﴿١٣﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلْفَصْلِ ﴿١٤﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ**
**لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿١٥﴾ أَلَمْ نُهْلِكِ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٦﴾ ثُمَّ نُتْبِعُهُمُ ٱلْـَٔاخِرِينَ ﴿١٧﴾**
**كَذَٰلِكَ نَفْعَلُ بِٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١٨﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿١٩﴾ أَلَمْ**
**نَخْلُقكُّم مِّن مَّآءٍ مَّهِينٍ ﴿٢٠﴾ فَجَعَلْنَٰهُ فِى قَرَارٍ مَّكِينٍ ﴿٢١﴾ إِلَىٰ قَدَرٍ**
**مَّعْلُومٍ ﴿٢٢﴾ فَقَدَرْنَا فَنِعْمَ ٱلْقَٰدِرُونَ ﴿٢٣﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٢٤﴾**

***(خالايىقنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈنگە (كېچىكتۈرۈلىدى)① [13]. ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ قانداق كۈن***

*ئىكەنلىكىنى (يەنى ئۇنىڭ دەھشىتىنى) سەن بىلەمسەن؟ [14]. (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!② [15]. بىز ئىلگىرىكىلەرنى (كاپىرلىقى سەۋەبلىك) ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟ [16]. ئاندىن ئۇلارغا كېيىنكىلەرنى ئەگەشتۈرىمىز③ [17]. بىز گۇناھكارلارنى مۇشۇنداق قىلىمىز (يەنى جازالايمىز)④ [18]. (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي! (ھالاكەت بولسۇن!) [19]. (ئى ئىنسانلار!) بىز سىلەرنى ئەرزىمەس مەنىيدىن ياراتمىدۇقمۇ؟ [20]. بىز ئۇنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى تۇغۇلغۇچە)⑤ پۇختا ئارامگاھ (يەنى بالىياتقۇ)دا تۇرغۇزدۇق⑥ [21 ـ 22]. (دېمەك) بىز (بۇلارنىڭ ھەممىسىنى توغرا) ئۆلچەمدە قىلدۇق⑦، بىز (ئۇنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىشتا) نېمىدېگەن ياخشى ئۆلچىگۈچىمىز! [23]. (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي! [24].*

① يەنى بۇ كۈندە كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. بەزىلەر جەننەتكە، بەزىلەر دوزاخقا كىرىدۇ.

② «ۋاي!» يەنى ھالاكەت بولسۇن! بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيۡلٌ﴾ دېگەن دوزاختىكى بىر ۋادىنىڭ نامىدۇر. بۇ ئىبارە بۇ سۈرىدە قايتا ـ قايتا تەكرارلانغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەر بىر ئىنكار قىلغۇچىنىڭ گۇناھى باشقىلارنىڭ گۇناھىدىن تۈر جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن بېرىلىدىغان ئازابنىڭ تۈرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئوخشاش بولمىغان ﴿وَيۡلٌ﴾ «ۋاي! » ھەر تۈردىكى ئىنكارچىلار ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم كەلتۈرۈلگەن. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى ئۇلارغا مەككە كاپىرلىرىنى ۋە ئۇلار بىلەن بىر ئېقىمدىكى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلارنى ئەگەشتۈرىمىز.

④ يەنى گۇناھكارلارنى دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

⑤ يەنى بىز ئۇنى ھامىلە مۇددىتىدە ئالتە ئاي ياكى توققۇز ئاي بەچچىداندا (بالىياتقۇدا) تۇرغۇزدۇق.

⑥ يەنى بىز ئۇنى تۇغۇلغانغا قەدەر بالىياتقۇدا ساقلىدۇق.

⑦ يەنى بالىياتقۇدا ھامىلەنىڭ جىسمانىي تۈزۈلۈشى ۋە تەركىبى توغرا ئۆلچەمدە قىلىندى. يەنى ئىككى كۆز، ئىككى قول، ئىككى پاچاق ۋە ئىككى قۇلاقنىڭ ئارىسىدا ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ئارىلىق قالدۇرۇش كېرەك دېگەندەك ھەجىمنى بەلگىلەشكە ئائىت نۇقتىلار ئىنچىكە ئۆلچەم بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ كِفَاتًا ﴿٢٥﴾ أَحۡيَآءٗ وَأَمۡوَٰتٗا ﴿٢٦﴾ وَجَعَلۡنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ
شَٰمِخَٰتٖ وَأَسۡقَيۡنَٰكُم مَّآءٗ فُرَاتٗا ﴿٢٧﴾ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٢٨﴾
ٱنطَلِقُوٓاْ إِلَىٰ مَا كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿٢٩﴾ ٱنطَلِقُوٓاْ إِلَىٰ ظِلّٖ ذِي
ثَلَٰثِ شُعَبٖ ﴿٣٠﴾ لَّا ظَلِيلٖ وَلَا يُغۡنِي مِنَ ٱللَّهَبِ ﴿٣١﴾ إِنَّهَا تَرۡمِي
بِشَرَرٖ كَٱلۡقَصۡرِ ﴿٣٢﴾ كَأَنَّهُۥ جِمَٰلَتٞ صُفۡرٞ ﴿٣٣﴾ وَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ
لِّلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٣٤﴾

*بىز زېمىننى تىرىكلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان جاي قىلمىدۇقمۇ؟① [26 ـ 25]. بىز زېمىنغا ئېگىز (مۇستەھكەم) تاغلارنى ئورناتتۇق②، سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن سۇغاردۇق [27]. (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي! (ئەپسۇس!) [28]. (ئۇ كاپىرلارغا) «سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) يالغان دەپ كېلىۋاتقان جەھەننەمگە قاراپ ئىلگىرلەڭلار③، سەگىدەتمەيدىغان، (جەھەننەمنىڭ) يالقۇنىنىمۇ توسالمايدىغان④ (ئاچچىق تۈتۈندىن ئىبارەت) ئۈچ شاخلىق سايىگە بېرىڭلار»⑤ (دېيىلىدۇ) [31 ـ 29]. ئۇ يالقۇن قەسىر ـ سارايلاردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ⑥ [32]. ئۇ ئۇچقۇنلار قارا ـ سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ⑦ [33]. (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي! [34].*

① يەنى زېمىن تىرىكلەرگە ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ياشايدىغان جاي بېرىدۇ، ئۆلۈكلەرنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ.

② ﴿رَوَاسِيَ﴾ '' رَاسِيَةٌ ''نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، '' ثَوَابِتَ '' تەۋرەپ كەتمەي مەزمۇت تۇرىدىغان تاغلار دېگەن مەنىدە. ﴿شَٰمِخَٰتٍ﴾ ئېگىز دېمەكتۇر.

③ دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر دوزىخىيلارغا شۇنداق دەيدۇ.

④ بۇ سايە دوزاخنىڭ ھارارىتى ۋە يالقۇنىنى توسالمايدۇ.

⑤ دوزاختىكى ئوت يالقۇنىدىن چىققان تۈتۈنلەر يۇقىرى ئۆرلىگەندە ئۈچ تەرەپكە تارايدۇ ۋە دەرەخنىڭ ئۈچ شېخىدەك شەكىلگە كىرىدۇ. يەنى بۇ ئۈچ شاخلىق سايە كىشىلەر ئارام ئالىدىغان تاملار ۋە دەرەخلەرنىڭ سايىسىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ سايىدا دوزىخىيلار ھېچ راھەت تاپالمايدۇ.

⑥ ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىدەك يەنى يوغان يىلتىزلىق كۆتەكلەردەك يوغان ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ.

⑦ ﴿صُفْرٌ﴾ ''أَصْفَرُ''نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، سېرىق رەڭلىك دېگەن مەنىدە. لېكىن ئەرەبلەر ئۇنى قارا دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، دوزاخنىڭ يالقۇنىدىن چىققان ھەربىر ئۇچقۇن چوڭلۇقتا قەسىردەك ۋە سېپىلدەك چوڭ بولىدۇ. ئاندىن ھەربىر ئۇچقۇن يەنە قارا - سېرىق ۋە قارامتۇل تۆگىدەك چوڭلۇقتا پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ.

هَٰذَا يَوْمُ لَا يَنطِقُونَ ﴿٣٥﴾ وَلَا يُؤْذَنُ لَهُمْ فَيَعْتَذِرُونَ ﴿٣٦﴾ وَيْلٌ
يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٣٧﴾ هَٰذَا يَوْمُ ٱلْفَصْلِ جَمَعْنَٰكُمْ وَٱلْأَوَّلِينَ ﴿٣٨﴾
فَإِن كَانَ لَكُمْ كَيْدٌ فَكِيدُونِ ﴿٣٩﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٤٠﴾ إِنَّ
ٱلْمُتَّقِينَ فِى ظِلَٰلٍ وَعُيُونٍ ﴿٤١﴾ وَفَوَٰكِهَ مِمَّا يَشْتَهُونَ ﴿٤٢﴾ كُلُوا۟
وَٱشْرَبُوا۟ هَنِيٓـًٔا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٤٣﴾

***بۇ (كاپىرلار) گەپ قىلالمايدىغان بىر كۈندۇر① [35]. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغىمۇ ئىجازەت بېرىلمەيدۇ② [36]. (بۇ ھەقىقەتنى)***

*ئۇنىكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالى خارابتۇر. [37]. (ئۇلارغا): «بۇ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر. سىلەرنى ۋە ئاۋۋالقىلارنى (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنى) يىغدۇق③ [38]. ئەگەر (بۈنىڭدىن قۇتۇلۇشقا) بىرەر چارەڭلار بولسا، قېنى قىلىپ بېقىڭلار» (دېيىلىدۇ)④ [39]. (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي ئىست! [40]. شەكسىزكى، تەقۋادارلار (جەننەتتە) سايىلەردىن⑤، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ⑥ [41 ـ 42]. (ئۇلارغا) «(دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن (مۇكاپات سۈپىتىدە) خۇشال ـ خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ)⑦ [43].*

① مەھشەرگاھتا كاپىرلار ھەر خىل ھالەتلەردە بولىدۇ. بىر ھالەتتە ئۇلار يالغان سۆزلەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۆز قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ قول-پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. يەنە بىر ھالەتتە، ئۇلار دوزاخ تەرەپكە ھەيدەلگەن چاغدا، قاتتىق ئىزتىراپ ۋە پەرىشان ئىچىدە زۇۋانى يەنە تۇتۇلۇپ قالىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار سۆزلەيدۇ، لېكىن ئۇلاردا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات بولمايدۇ يەنى پاكىت بولغۇدەك گەپ تاپالمايدۇ. بۇ ئايەتتىكى ئىبارە خۇددى كىشىلەرنىڭ دۇنيادا ئازراق ئۆزرە بولغۇدەك گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن ئادەمنى «گەپ قىلالمىدى» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

② دېمەك ئۇلاردا ئازابتىن قۇتۇلۇپ قىلىش ئۈچۈن تەقدىم قىلغۇدەك ئەقىلگە مۇۋاپىق بىرەر ئۆزرىمۇ بولمايدۇ.

③ شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە خىتاب قىلىپ: بىز ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن سىلەرنى ئۆز قۇدرەت-كامالىمىز بىلەن بىر مەيدانغا جەم قىلدۇق، دەيدۇ.

④ بۇ ئاللاھ تەرەپتىن ئۇلارغا قىلىنغان قاتتىق بىر تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇركى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئازابىم ۋە مېنىڭ كونتروللۇقۇمدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلىسەڭلار، قېنى قېچىپ كۆرسىتىپ بېقىڭلار! لېكىن سىلەرگە ئۇنداق كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟ بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ يەنە بىر سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئى جىنلار ۋە

ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر (لېكىن سىلەرگە نەدە ئۇنداق قۇدرەت؟)﴾. (سۈرە رەھمان 33-ئايەت)

⑤ يەنى جەننەت ئەھلى مۇشرىكلاردەك تۈتۈننىڭ سايىسىدا ئەمەس، بەلكى دەل-دەرەخلەر ۋە قەسىرلەرنىڭ سايىسى ئاستىدا بولىدۇ.

⑥ ھەر خىل مېۋىلەردىن كۆڭلى خالىغان ۋاقىتتا بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ.

⑦ بۇ سۆزلەر ئۇلارغا ئىنئام ۋە ئىكرام سۈپىتىدە دېيىلىدۇ. ﴿بِمَا كُنتُمْ﴾دىكى " ب " سەۋەبنى بىلدۈرۈپ كەلگەن، يەنى سىلەرگە بېرىلگەن بۇ جەننەت نېمەتلىرى دۇنيادا قىلىپ كەلگەن ياخشى ئەمەللىرىڭلار سەۋەبىدىندۇر. بۇنىڭدىن ئىنساننىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل قىلىدىغان ۋاستە ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ياخشى ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتكەنلەرنىڭ مىسالى خۇددى يەر ھەيدىمەي، ئۇرۇق سالماي تۇرۇپ، مول-ھوسۇل ئېلىشنى ئۈمىد قىلغانلار ياكى تىكەن تېرىپ، تاتلىق مېۋە ئالماقچى بولغانلارغا ئوخشايدۇ.

إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٤٤﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٤٥﴾ كُلُوا۟
وَتَمَتَّعُوا۟ قَلِيلًا إِنَّكُم مُّجْرِمُونَ ﴿٤٦﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٤٧﴾
وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱرْكَعُوا۟ لَا يَرْكَعُونَ ﴿٤٨﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٤٩﴾
فَبِأَىِّ حَدِيثٍۭ بَعْدَهُۥ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٠﴾

*بىز (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەلۋەتتە مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز① [44]. ئۇ كۈندە راستنى يالغان دېگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!② [45]. (ئى كاپىرلار!) «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) يەڭلار ۋە ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇڭلار، شەكسىزكى، سىلەر گۇناھكارسىلەر»③ [46]. (بۇ ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي! [47]. ئۇلارغا: «رۇكۇ قىلىڭلار» دېيىلسە،*

***ئۇلار رۇكۇ قىلمايدۇ④ [48]. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ھالاكەت بولسۇن!⑤ [49]. ئۇلار (شانلىق دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پاساھەت - بالاغەتتە ئەڭ يۇقىرى بولغان) بۇ قۇرئانغا ئىشەنمەي، زادى قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟⑥ [50].***

① بۇ ئايەتتە، ئەگەر سىلەر ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەت ۋە نىجاتلىققا ئېرىشمەكچى بولساڭلار، دۇنيادا ياخشى ئەمەل ۋە تەقۋادارلىق يولىنى تۇتۇڭلار، دېگەن تەرغىب ۋە تەلقىن بار.

② تەقۋادارلار جەننەتكە داخىل بولۇپ، بەخت-سائادەتكە ئېرىشۋاتسا، ھەقنى ئىنكار قىلىپ، بەخت-سائادەتتىن مەھرۇم قالغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

③ بۇ قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان خىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بۇيرۇق تەھدىت ۋە تەنبىھ بېرىش ئۈچۈندۇر. يەنى بىر مەزگىل ئوبدان ياشىۋېلىڭلار، سىلەردەك گۇناھكارلارغا قاتتىق ئازاب تەييار!

④ يەنى ئۇلار ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلسا، ناماز ئوقۇمايدۇ.

⑤ يەنى ئۆزلىرىگە كەلگەن ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە چەكلىمىلىرىنى قوبۇل قىلمىغانلارغا ھالاكەت بولسۇن!

⑥ يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئانغا ئىشەنمىسە، ئۇنىڭدىن باشقا قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟ بۇ ئايەتتىمۇ باشقا ئايەتلەردىكىدەك ﴿حَدِيثٍ﴾ دېگەن سۆز قۇرئان مەنىسىدە ئىشلىتىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: سىلەر سۈرە تىيننى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى: ﴿ئاللاھ ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇساڭلار: «شۇنداق (يەنى ئاللاھ تائالا ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى) مەن بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىدۇرمەن»، دەڭلار. يەنە بىر رىۋايەتتە سۈرە قىيامەتنىڭ ئاخىرىقى ئايىتى ھەققىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆيۈمنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ ﴿ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان ئاللاھ) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟﴾ دېگەن

ئايەتنى ئوقۇغاندا: «ئى ئاللاھ سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمەن. سەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىرسەن»، دەيتتى. ئادەملەر ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، ئۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى. شۇنىڭدەك بۇ سۈرىدىكى ﴿ئۇلار (شانلىق دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پاساھەت ـ بالاغەتتە ئەڭ يۇقىرى بولغان) بۇ قۇرئانغا ئىشەنمەي، زادى قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان كىشىمۇ «ئاللاھقا ئىشەندۇق» دېيىش كېرەك. (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 887 ـ ھەدىس، زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمى 343 ـ ھەدىس) بەزى ئۆلىمالار، ئاڭلىغۇچىلارمۇ بۇ ئايەتلەرگە يۇقىرىقىدەك جاۋاب بېرىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

# سۈرە نەبە

| (٧٨) سورة النبا مكية ٤٠ آية | (78) سۈرە نەبە مەككىدە چۈشكەن 40 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

عَمَّ يَتَسَآءَلُونَ ١ عَنِ ٱلنَّبَإِ ٱلْعَظِيمِ ٢ ٱلَّذِى هُمْ فِيهِ
مُخْتَلِفُونَ ٣ كَلَّا سَيَعْلَمُونَ ٤ ثُمَّ كَلَّا سَيَعْلَمُونَ ٥ أَلَمْ نَجْعَلِ
ٱلْأَرْضَ مِهَٰدًا ٦ وَٱلْجِبَالَ أَوْتَادًا ٧

***ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار ئۆزئارا) نېمە توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ؟① [1] ئۇلار ئۆزلىرى ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان (قىيامەتتىن ئىبارەت) چوڭ بىر خەۋەر توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ② [3 ـ 2]. ئەمەلىيەت ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس (يەنى قىيامەت ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك يالغان ئەمەس)، ئۇلار (قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقنىڭ جازاسىنى) يېقىندا بىلىپ قالىدۇ [4]. يەنە ئەمەلىيەت ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، ئۇلار (بېشىغا كېلىدىغان ئازابنى) يېقىندا بىلىپ قالىدۇ③ [5]. (زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇقىملىشىشىڭلار ۋە كەڭ تۈزلەڭلىكلەرگە زىرائەت تېرىپ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن) بىز زېمىننى بىسات (سېلىنچا) قىلمىدۇقمۇ؟④ [6] (زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟⑤ [7]***

① رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ كىشىلەرگە ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش ۋە قىيامەتكە ئىشىنىش قاتارلىق ئىسلام ئاساسلىرىنى بايان قىلدى ۋە قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار ئۆزئارا بىر-بىرلىرىدىن، مۇھەممەد دەۋا قىلغاندەك راستتىنلا قىيامەت بولامدۇ؟ ياكى قۇرئان راستتىنلا ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغانمۇ؟ دەپ سوراشتى. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى سوراق جۈملە بىلەن باشلاپ، ئۇلارنىڭ نېمە توغرۇلۇق سورىشىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى، ئاندىن ئۆزى جاۋاب بېرىپ تۆۋەندىكىلەرنى دېدى.

② يەنى ئۇلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان چوڭ بىر خەۋەر توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى «چوڭ بىر خەۋەر» قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى كاپىرلار قۇرئان ھەققىدە ھەر خىل سۆزلەرنى قىلاتتى، بەزىلىرى ئۇنى سېھىر دېسە، بەزىلىرى ھېكايە دەيتتى، يەنە بەزىلىرى شېئىر دېسە، بەزىلىرى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى دەيتتى، دەپ ئىزاھلىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر: «چوڭ بىر خەۋەر» دېگەندىن قىيامەتنىڭ بولۇشى ۋە تىرىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى بەزى كاپىرلار ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلسا، بەزىلىرى پەقەت ئۇنىڭدىن شەكلىنەتتى، دەپ ئىزاھلىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر: سوئال سورىغۇچىلار ئىچىدە مۇئمىنلەرمۇ ۋە كاپىرلارمۇ بار ئىدى، مۇئمىنلەر تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشىش ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سورايتتى، كاپىرلار بولسا مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن سورايتتى، دەپ ئىزاھلىدى.

③ «ئۇلار يېقىندا بىلىپ قالىدۇ» دېگەن بۇ ئىبارە تەنبىھ بېرىش ۋە ئەيىبلەش يۈزىسىدىن تەكرار كەلگەن. ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەردە، ئۇلارغا تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتى ئايان بولسۇن، پەيغەمبەر دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئاسان بولسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ كاتتا قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدىغان مەۋجۇداتلارنى بايان قىلىدۇ.

④ يەنى زېمىندا ئىساتنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك يۈرىسىلەر، ئولتۇرىسىلەر، قوپىسىلەر، ئۇخلايسىلەر ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن زېمىننى تەۋرەپ تۇرىدىغان قىلمىدۇق.

⑤ ﴿اَوْتَـادً﴾ «وَتَدٌ»نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، قوزۇقلار مەنىسىدە. زېمىننىڭ

تـەۋرەپ كـەتمـەي جـىـم تـۇرۇشـى ئۈچـۈن تـاغلارنـى زېمـىنغـا قـوزۇق قـىلـدۇق. چۈنكى، زېمىن تەۋرەپ تۇرسا، ئۇنىڭدا ياشاش مۇمكىن بولمايتتى.

وَخَلَقْنَـٰكُمْ أَزْوَٰجًا ﴿٨﴾ وَجَعَلْنَا نَوْمَكُمْ سُبَاتًا ﴿٩﴾ وَجَعَلْنَا ٱلَّيْلَ
لِبَاسًا ﴿١٠﴾ وَجَعَلْنَا ٱلنَّهَارَ مَعَاشًا ﴿١١﴾ وَبَنَيْنَا فَوْقَكُمْ سَبْعًا
شِدَادًا ﴿١٢﴾ وَجَعَلْنَا سِرَاجًا وَهَّاجًا ﴿١٣﴾ وَأَنزَلْنَا مِنَ ٱلْمُعْصِرَٰتِ مَآءً
ثَجَّاجًا ﴿١٤﴾ لِّنُخْرِجَ بِهِۦ حَبًّا وَنَبَاتًا ﴿١٥﴾ وَجَنَّـٰتٍ أَلْفَافًا ﴿١٦﴾ إِنَّ يَوْمَ
ٱلْفَصْلِ كَانَ مِيقَـٰتًا ﴿١٧﴾

***بىز سىلەرنى ئەر - ئايال قىلىپ ياراتتۇق① [8]. ئۇيقۇڭلارنى (سىلەر ئۈچۈن) راھەت قىلدۇق② [9]. كېچىنى كىيىم قىلدۇق③ [10]. كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلدۇق④ [11]. ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق⑤ [12]. (سىلەر ئۈچۈن) يېنىپ تۇرغان چىراغنى⑥ ياراتتۇق [13]. ئاشلىقلارنى⑦، ئوت - چۆپلەرنى، دەرەخلىرى قويۇق باغلارنى⑧ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق⑨ [14 - 16]. (خالايىق ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن (قىيامەت كۈنى) ھەقىقەتەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتۇر⑩ [17].***

① يەنى سىلەرنى ئەر-ئايال، ئەركەك-چىشى، بىر جۈپ قىلىپ، بىر-بىرىڭلارغا ئوخشىمايدىغان ھەر خىل شەكىل ۋە رەڭلەردە، چىرايلىق-سەت، ئېگىز-پاكار، ئاق-قارا ۋە باشقا رەڭلەردە ياراتتۇق.

② ﴿سُبَاتًا﴾ «راھەت» دېگەن مەنىدىن باشقا يەنە ئۈزمەك، كەسمەك دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. كېچە ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۈزىدۇ ۋە توختىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈكۈنات پەيدا بولىدۇ، كىشىلەر جىمجىتلىقتا راھەت ۋە خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: كېچە سىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىڭلارنى كېسىدۇ ۋە توختىتىدۇ. يەنى ئىش-ھەرىكەت توختىدى دېگەنلىك راھەت، ئارام ئېلىش باشلاندى دېگەنلىكتۇر.

③ يەنى كىيىم ئىنساننىڭ جىسمىنى يۆگەپ يوشۇرغاندەك، كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى ھەممە نەرسىنى ئوراپ ئېلىپ، يوشۇرىدۇ.

④ يەنى بىز كىشىلەرنىڭ كۈندۈزدە تىرىكچىلىك قىلىشى ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن كۈندۈزنى يورۇق قىلدۇق.

⑤ يەتتە قات ئاسمانلاردىن ھەر بىرىنىڭ ئارىلىقى بەش يۈز يىللىق مۇساپىدۇر. بۇ ئاسمانلارنىڭ مۇستەھكەم ۋە پۇختا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

⑥ «يېنىپ تۇرغان چىراغ» دېگەندىن قۇياش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿جَعَلْنَا﴾ دېگەن ﴿خَلَقْنا﴾ «ياراتتۇق» دېگەن مەنىدە.

⑦ ﴿حَبًّا﴾ «دان» يەنى ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدىغان ئاشلىق. مەسىلەن: بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، ئارپا قاتارلىقلار. يەنە كۆكتات، ئوتياش ۋە ھايۋانلار يەيدىغان سامان، ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلار.

⑧ ﴿أَلْفَافًا﴾ دېگەن شاخلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن دەرەخلەر. يەنى دەرەخلىرى قويۇق باغچىلار.

⑨ ﴿الْمُعْصِرَاتِ﴾ دېگەندىن يامغۇرى تامچىغان، لېكىن يامغۇرى تېخى دېگەندەك يېغىپ بولالمىغان بۇلۇتلار، يەنى يامغۇرغا توشۇپ قالغان بۇلۇتلار دېگەن مەنىدە. ھەيزى يېقىنلىشىپ قالغان ئايالمۇ " الْمَرْأَةُ الْمُعْتَصِرَةُ " دەپ ئاتىلىدۇ، ﴿ثَجَّاجًا﴾ دەرياغا لىق توشۇپ ئاققان سۇ دېمەكتۇر.

⑩ يەنى ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسى جەم بولىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان كۈن دېمەكتۇر. ئۇ كۈننىڭ «ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ كۈندە ھەربىر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ئۇ كۈندە جەم بولۇشتىكى مەقسەتتۇر.

يَوْمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِ فَتَأْتُونَ أَفْوَاجًا ﴿١٨﴾ وَفُتِحَتِ ٱلسَّمَآءُ فَكَانَتْ
أَبْوَٰبًا ﴿١٩﴾ وَسُيِّرَتِ ٱلْجِبَالُ فَكَانَتْ سَرَابًا ﴿٢٠﴾ إِنَّ جَهَنَّمَ كَانَتْ
مِرْصَادًا ﴿٢١﴾ لِّلطَّٰغِينَ مَـَٔابًا ﴿٢٢﴾ لَّٰبِثِينَ فِيهَآ أَحْقَابًا ﴿٢٣﴾

*ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ، سىلەر توپ ـ توپ بولۇپ كېلىسىلەر① [18]. ئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ② [19]. تاغلار قوزغۇتۇلۇپ سەرابتەك بولۇپ قالىدۇ (يەنى تاغلار تۇزۇپ يىراقتىن قارىغۇچىغا سۇدەك تۇيۇلىدۇ)③ [20]. شەكسىزكى، (ئۇ كۈندە) جەھەننەم (ئۆزىگە كىرىدىغانلارنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ④ [21]. (ئۇ جەھەننەم) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايىدۇر [22]. ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ⑤ [23].*

① بۇ ئايەتنى بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق تەپسىر قىلغان: ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن مەھشەرگاھقا ھازىر بولىدۇ. بۇ ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنغان ۋاقىت بولۇپ، بارلىق ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن (ئۆلۈكلەر قەبرىلىرىدىن) خۇددى ئوت ـ چۆپ ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالماي چىرىپ كېتىدۇ. قىيامەت كۈنى ھەربىر ئىنسان ئاشۇ ئومۇرتقا سۆڭىكىدىن قايتا قۇراشتۇرۇلىدۇ. (سەھىھۇل بۇخارى 4814-ھەدىس)

② يەنى پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن يوللار پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇلار زېمىنغا چۈشىدۇ.

③ ﴿سَرَابًا﴾ سەراب (ئىزىتقۇ) يىراقتىن سۇدەك كۆرۈنىدىغان قۇم، يەنى تۇزىتىلغان تاغلارمۇ سەراپتەك يىراقتىن قارىغۇچىغا خۇددى بىر نەرسە باردەك كۆرۈنىدۇ. يېقىنلاشقانچە ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قالىدۇ. كېيىنچە ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىزناسىمۇ قالمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاندا تاغلارنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى جەملەپ تەتقىق قىلغاندا تۆۋەندىكىدەك ھالەتلەردە بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. 1-تاغلار ئۇششاق پارچە-پارچە قىلىۋېتىلىدۇ: ﴿زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتۈرۈلۈپ (بىر-بىرىگە) ئۇرۇلۇپ (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن چاغدا)﴾. (سۈرە ھاققە 14-ئايەت). 2-﴿تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ﴾. (سۈرە قارىئە 5-ئايەت). 3-﴿تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا﴾ (سۈرە ۋاقىئە 6-ئايەت). 4-﴿رەببىم ئۇلارنى كۇكۇم تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى سورۇيدۇ)﴾ (سۈرە تاھا 105-ئايەت). 5-سەراپ بولۇپ كېتىدۇ.

يەنى بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغانىدەك، تاغلادىن ھېچنەرسە قالمايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ دۈشمەنگە زەربە بېرىدىغان جاي ﴿مِرْصَادٗ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ، ئەگەر دۈشمەن ئۇ جايدىن ئۆتۈپ قالسا، دەرھال ھۇجۇم قىلىنىدۇ. جەھەننەمگە مۇئەككەل زابانىيلەرمۇ دوزىخىيلارنى شۇنداق كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى: جەھەننەم ئۆزى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن كاپىرلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

⑤ ﴿اَحْقَابٗ﴾ "حِقْبٌ"نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، زامان، ئۇزۇن مۇددەت مەنىسىدە. بۇ يەردە مەڭگۈ، ھەمىشە مەنىسىدە كەلگەن. ئۇلار جەھەننەمدە ئەبەدىلئەبەد، مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ جازاسىدۇر.

لَّا يَذُوقُونَ فِيهَا بَرْدًا وَلَا شَرَابًا ﴿٢٤﴾ إِلَّا حَمِيمًا وَغَسَّاقًا ﴿٢٥﴾ جَزَآءً وِفَاقًا ﴿٢٦﴾ إِنَّهُمْ كَانُواْ لَا يَرْجُونَ حِسَابًا ﴿٢٧﴾ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا كِذَّابًا ﴿٢٨﴾ وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَٰهُ كِتَٰبًا ﴿٢٩﴾ فَذُوقُواْ فَلَن نَّزِيدَكُمْ إِلَّا عَذَابًا ﴿٣٠﴾ إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا ﴿٣١﴾ حَدَآئِقَ وَأَعْنَٰبًا ﴿٣٢﴾ وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا ﴿٣٣﴾

*ئۇلار جەھەننەمدە (ھارارەتتىن) بىرەر سۆرۈنلۈكمۇ، (ئۇسسۇزلۇقتىن) بىرەر ئىچىملىكمۇ تېتىمايدۇ (يەنى ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ) [24]. ئۇلار پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ ۋە يىرىڭنىلا تېتىيدۇ① [25]. بۇ (ئۇلارغا بېرىلىدىغان) مۇۋاپىق جازادۇر② [26]. چۈنكى ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشقا ئىشەنمەيتتى③ [27] ھەمدە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى [28]. بىز ھەربىر ئىشنى تولۇق (ھېسابلاپ) خاتىرىلەپ قويغان ئىدۇق④ [29]. (ئۇلارغا ئېيتىمىزكى) «ئەمدى سىلەر (بۇ ئازابنى) تېتىڭلار! زادى بىز سىلەرگە ئازابنىلا كۆپەيتىمىز»⑤ [30]. شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت (مۇكاپات ۋە نېمەتلەر) بار⑥ [31]. ئۇلار ئۈچۈن باغلار، ئۈزۈملەر⑦، كۆكسى كۆتۈرۈلگەن، تەڭتۇش ھۆرلەر⑧،*

① بۇ يېرىڭ دوزىخىيلارنىڭ تەنلىرىدىن چىقىدۇ.

② بۇ جازا ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى چاغدا قىلىپ يۈرگەن ئەمەللىرىگە قارىتا بېرىلگەندۇر.

③ بۇ يەردە مەزكۇر جازانىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىدى. يەنى ئۇلار مەزكۇر جازاغا شۇ سەۋەبتىن لايىق بولدىكى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشقا ۋە قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىشقا ئىشەنمەيتتى.

④ يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەپ قويغان ئىدۇق. يەنە بىر مەنىسى: پەرىشتىلەر يېزىپ قويغان نامە-ئەمەلدە ساقلاپ قويغان ئىدۇق. ئالدىنقى ئۇقۇم ئەڭ توغرىدۇر، چۈنكى باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز﴾. (سۈرە ياسىن 12-ئايەت)

⑤ ئازابنى كۆپەيتىشنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇلارغا داۋاملىق ئازاب بولۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن، ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز﴾. (سۈرە نىسا 56-ئايەت) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز﴾. (سۈرە ئىسرا 97-ئايەت)

⑥ بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمدى بەخت-سائادەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلار ئاخىرەتتە بەھرىمەن بولىدىغان نېمەتلەر بايان قىلىنىۋاتىدۇ .بۇ مۇۋەپپەقىيەت ۋە نېمەتلەر ئۇلارغا تەقۋادار بولغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەندۇر. ئىمان ۋە ئىتائەت تەقەززا قىلغان ئەمەللەرنى مۇكەممەل قىلغانلارلا «تەقۋادار» دېگەن شەرەپكە ئېرىشەلەيدۇ. ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن تەقۋادارلىق يولىنى تۇتۇپ، ياخشى ئەمەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلەر بەختلىك ۋە تەلەيلىك كىشىلەردۇر. (ئاللاھ بىزنى ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلسۇن)

⑦ بۇ نېمەتلەر ئالدىنقى ﴿مَفَازًا﴾ «مۇۋەپپەقىيەت» نى ئىزاھلاپ كەلگەن.

⑧ ﴿كَوَاعِبَ﴾ " كَاعِبَةٌ "نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، " كَعْبٌ " (ھوشۇق) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، يەنى خۇددى ھوشۇق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاندەك،

ئۇلارنىڭ كۆكسىلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھۆسن-جامالىنى نامايەن قىلىدۇ. ﴿أَتۡرَابٗا﴾ دېگەن تەڭ ياشتىكى ھۆرلەر دېمەكتۇر.

وَكَأۡسٗا دِهَاقٗا ﴿٣٤﴾ لَّا يَسۡمَعُونَ فِيهَا لَغۡوٗا وَلَا كِذَّٰبٗا ﴿٣٥﴾ جَزَآءٗ مِّن
رَّبِّكَ عَطَآءً حِسَابٗا ﴿٣٦﴾ رَّبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا ٱلرَّحۡمَٰنِۖ
لَا يَمۡلِكُونَ مِنۡهُ خِطَابٗا ﴿٣٧﴾ يَوۡمَ يَقُومُ ٱلرُّوحُ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ صَفّٗاۖ لَّا
يَتَكَلَّمُونَ إِلَّا مَنۡ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَقَالَ صَوَابٗا ﴿٣٨﴾ ذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمُ
ٱلۡحَقُّۖ فَمَن شَآءَ ٱتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ مَـَٔابًا ﴿٣٩﴾ إِنَّآ أَنذَرۡنَٰكُمۡ عَذَابٗا
قَرِيبٗا يَوۡمَ يَنظُرُ ٱلۡمَرۡءُ مَا قَدَّمَتۡ يَدَاهُ وَيَقُولُ ٱلۡكَافِرُ يَٰلَيۡتَنِي
كُنتُ تُرَٰبَۢا ﴿٤٠﴾

***(شاراب بىلەن) تولدۇرۇلغان جاملار بار① [34-32]. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆز ئاڭلىمايدۇ② [35]. (بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە) رەببىڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات ۋە يېتەرلىك ئىنئامدۇر③ [36]. ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر. (ئۇ كۈندە) ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ④ [37]. جىبرىل⑤ ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)، رەھماننىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەن، توغرا (ۋە ھەق) سۆزلىگەنلەردىن⑥ باشقا ھېچكىم (بىراۋغا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن) گەپ قىلالمايدۇ [38]. ئەنە شۇ چوقۇم كېلىدىغان كۈندۇر⑦. (ئۇ كۈندە ياخشى ئارامگاھقا ئېرىشىشنى) خالىغان ئادەم (ئىمان بىلەن، ياخشى ئەمەل بىلەن) رەببىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتسۇن⑧ [39]. شەكسىزكى، بىز سىلەرنى (يۇز بېرىشى) يېقىن ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇدۇق⑨، ئۇ كۈندە كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ⑩. (ھەربىر) كاپىر: «كاشكى مەن تۇپا بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!» دەپ كېتىدۇ⑪ [40].***

① ﴿دِهَاقًا﴾ لىق تولدۇرۇلغان، ئارقىمۇ ئارقىدىن، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى، ياكى ساپ سۈزۈك دېگەن مەنىدە، ﴿كَأْسًا﴾ لىق تولدۇرۇلغان جاملار دېمەكتۇر.

② يەنى جەننەتتە پايدىسىز، بىھۇدە گەپلەر بولمايدۇ. جەننەت ئەھلى بىر-بىرىگە يالغان سۆز قىلمايدۇ.

③ ﴿عَطَآءً﴾ بىلەن ﴿حِسَابًا﴾ مۇبالىغە سۈپەتداش بولۇپ كەلگەن. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئۇلارغا بەرگەن ئاتاسى كۆپ، ئىنئام ۋە مۇكاپاتى يېتەرلىكتۇر.

④ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقى، بۈيۈكلۈكى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ ھېچكىم ئاۋۋال ئىجازەتسىز ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھېچكىم شاپائەت قىلىش ئۈچۈنمۇ گەپ قىلىشقا لېۋىنى مىدىرلىتالمايدۇ.

⑤ بۇ يەردىكى ﴿الرُّوحُ﴾نىڭ بىر نەچچە مەنىسى بار: 1-ئۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. 2-ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرىدىن بىر قوشۇن، پەرىشتىلەردىن ئەمەس. 3-ئادەم باللىرىنىڭ روھلىرى. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ قارىشىچە: جۈملىنىڭ سىياقىغا قارىغاندا، ئۇ ئىنسانلارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئۇ كۈندە پەرىشتىلەر بىر سەپ، ئىنسانلار بىر سەپ بولۇپ تۇرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑥ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەر ۋە پەرىشتىلەرگە سۆزلەشكە رۇخسەت بېرىدۇ، ئۇلار قانداقلا سۆز قىلسا، ئۇ ھەق ۋە توغرا سۆز بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، توغرا سۆزنى يەنى كەلىمە تەۋھىدنى ئېيتىپ، دىلى بىلەن تەستىق قىلغان كىشى ھەققىدە سۆزلەشكە رۇخسەت بېرىلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

⑦ يەنى ئۇ كۈن شەكسىز كېلىدۇ.

⑧ يەنى شەكسىز كېلىدىغان كۈننى كۆز ئالدىغا قويۇپ، ئىمان ۋە تەقۋادارلىق يولىنى تۇتسۇن. شۇنداق قىلغان ئادەم ئۇ كۈندە ياخشى ئارامگاھقا ئېرىشەلەيدۇ.

⑨ يۇز بېرىشى يېقىن قىيامەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردۇق. چۈنكى، ئۇنىڭ بولىدىغانلىقى شەكسىزدۇر. مەلۇمكى، ھەر قانداق كېلىۋاتقان

نەرسە يېقىن بولىدۇ، ئۇ ھەرھالەتتە كەلمەي قالمايدۇ.

⑩ يەنى ئىنسان بۇ دۇنيادا مەيلى ياخشى، مەيلى يامان، قانداق ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇ ئەمەل ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بولغان بولىدۇ. ئۇ ئەمەللەر قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە-ئەمەلگە خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾. (سۈرە كەھف 49-ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ﴾. (سۈرە قىيامەت 13-ئايەت)

⑪ يەنى كاپىر دەھشەتلىك ئازابنى كۆرگەندە، شۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا ھايۋانلار ئارىسىدىمۇ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ھەتتا بىر مۈڭگۈزلۈك ھايۋان مۈڭگۈزسىز ھايۋانغا زۇلۇم قىلغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھايۋانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا: «تۇپا بولۇپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇپا بولۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا كاپىرمۇ: مەنمۇ ھايۋان بولغان بولسام، بوگۈن مەنمۇ ئۇلاردەك تۇپا بولۇپ كەتكەن بولاتتىم دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

# سۈرە نازىئات

| (٧٩) سورة النزعت مكية ٤٦ آية | (79) سۈرە نازىئات مەككىدە چۈشكەن 46 ئايەت |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلنَّٰزِعَٰتِ غَرۡقٗا ١ وَٱلنَّٰشِطَٰتِ نَشۡطٗا ٢ وَٱلسَّٰبِحَٰتِ سَبۡحٗا ٣

***(كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى① [1]، (مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى② [2]، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى③ [3]***

① ﴿ النّٰزِعٰتِ ﴾نىڭ مەنىسى قاتتىق تارتقۇچىلار. ﴿غَرۡقًا﴾ چۆكۈپ دېگەن مەنىدە. بۇ جان ئالىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ سۈپىتىدۇر. پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئۇلارنىڭ جىسىملىرىغا چۆكۈپ تۇرۇپ، قاتتىق تارتىپ چىقىرىدۇ.

② ﴿نَشۡطًا﴾ تۈگۈننى يەشمەك دېگەن مەنىدە. يەنى پەرىشتىلەر بىرەر تۈگۈننى يەشكەندەكلا، مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئاسانلا چىقىرىپ ئالىدۇ.

③ ﴿سَبۡحًا﴾نىڭ مەنىسى سۇ ئۈزمەك. ﴿السّٰبِحٰتِ﴾ دېگەن ئىنسانلارنىڭ

جانلىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جىسىملىرىدە، گويا غەۋۋاسلار مەرۋايىت سۈزۈش ئۈچۈن دېڭىز ئاستىدا ئۈزۈپ يۈرگەندەك، ئۈزۈپ يۈرىدىغان پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر مەنىدە، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئەرەبچىدە يۈگۈرۈك ئاتنىمۇ " سَابِحٌ " دەپ ئاتايدۇ.

فَٱلسَّٰبِقَٰتِ سَبۡقٗا ﴿٤﴾ فَٱلۡمُدَبِّرَٰتِ أَمۡرٗا ﴿٥﴾ يَوۡمَ تَرۡجُفُ ٱلرَّاجِفَةُ ﴿٦﴾
تَتۡبَعُهَا ٱلرَّادِفَةُ ﴿٧﴾ قُلُوبٞ يَوۡمَئِذٖ وَاجِفَةٌ ﴿٨﴾ أَبۡصَٰرُهَا خَٰشِعَةٞ ﴿٩﴾
يَقُولُونَ أَءِنَّا لَمَرۡدُودُونَ فِي ٱلۡحَافِرَةِ ﴿١٠﴾

***(ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن) تېز ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى① [4]، (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) ئىشلارنى باشقۇرغۇچى (ئىجرا قىلغۇچى) پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ)② [5]. بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دە (بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىپ، بارلىق شەيئىلەر) تەۋرەيدۇ ۋە (ھالاك بولىدۇ)③ [6]. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە بىرى ئەگىشىپ كېلىدۇ (يەنى ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىدۇ)④ [7]. بۇ كۈندە دىللار (يەنى كاپىرلارنىڭ دىللىرى) قورقۇنچتىن تىترەپ تۇرىدۇ⑤ [8]. (قورققۇچىلارنىڭ) كۆزلىرى تۆۋەنگە قاراپ تۇرىدۇ (تىكىلىپ قارىيالمايدۇ)⑥ [9]. ئۇلار: «بىز (ئۆلگەندىن كېيىن) راستتىنلا ئاۋۋالقى ھالىتىمىزگە قايتۇرۇلامدۇق؟ (يەنى تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟)⑦[10]***

① بۇ «تېز ئىلگىرىلىگۈچىلەر» شەيتانلارنىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى پەيغەمبەرلەرگە تېز يەتكۈزگۈچى پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى جەننەتكە تېز ئېلىپ بارغۇچى پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

② بۇلار ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان ئىشلارنى باشقۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلى باشقۇرغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. لېكىن، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يۈكسەك ھېكمىتى بىلەن پەرىشتىلەرگە ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ئۇلار

ئارقىلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارمۇ باشقۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىبارە بىلەن مەزكۇر بەش سۈپەت پەرىشتىلەرگە خاستۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئەنە شۇ پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلدى. بۇ قەسەمنىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ جاۋاب: «سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ» دېگەن ئىبارىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇشۇ تىرىلدۈرۈش ۋە ھېساب ئېلىش ھەققىدە بىر نەچچە جايدا قەسەم قىلدى. مەسىلەن: سۇرە تاغابۇننىڭ 7-ئايىتىدىمۇ ئاللاھ تائالا قەسەم قىلىپ، مەزكۇر ئىبارە بىلەن مۇشۇ ھەقىقەتنى بايان قىلدى. بۇ تىرىلدۈرۈش ۋە ھېساب ئېلىش قاچان بولىدۇ؟ بۇ تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئۇچۇقلاشتۇرۇلىدۇ.

③ بۇ بىرىنچى قېتىملىق چېلىنىدىغان سۇر بولۇپ، ئۇ يوقىلىش ئۈچۈن چېلىنىدىغان سۇر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن كائىنات تەۋرەيدۇ ۋە ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ.

④ بۇ ئىككىنچى قېتىملىق چېلىنىدىغان سۇر بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە بارلىق ئۆلگەنلەر تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق چېلىنىدىغان سۇر بىرىنچىسىدىن 40 يىل كېيىن يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ ﴿الرَّادِفَةُ﴾ «ئارقىدىنلا تەۋرەش» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ بىرىنچى قېتىملىق سۇرنىڭ ئارقىدىنلا يۈز بېرىدۇ. يەنى ئىككىنچى قېتىملىق سۇر بىرىنچىسىنىڭ ئارقىدىنلا ئەگىشىپ كېلىدۇ.

⑤ قىيامەتنىڭ قاتتىق دەھشىتىدىن كاپىرلارنىڭ دىللىرى تىترەپلا تۇرىدۇ.

⑥ يەنى شۇنداق دىل ئىگىلىرىنىڭ كۆزلىرى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن (جىنايەتچىلەردەك تىكىلىپ قارىيالماي) تۆۋەنگە قاراپ تۇرىدۇ.

⑦ ﴿الْحَافِرَةِ﴾ ئىلگىرىكى ھالەت دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇلار: ﴿راستتىنلا بىز ئاۋۋالقى ھالىتىمىزگە قايتۇرۇلامدۇق؟﴾ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەمدۇق؟) دەيدۇ.

أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمًا نَّخِرَةً ﴿١١﴾ قَالُواْ تِلْكَ إِذًا كَرَّةٌ خَاسِرَةٌ ﴿١٢﴾ فَإِنَّمَا هِيَ
زَجْرَةٌ وَٰحِدَةٌ ﴿١٣﴾ فَإِذَا هُم بِٱلسَّاهِرَةِ ﴿١٤﴾ هَلْ أَتَىٰكَ حَدِيثُ
مُوسَىٰٓ ﴿١٥﴾ إِذْ نَادَىٰهُ رَبُّهُۥ بِٱلْوَادِ ٱلْمُقَدَّسِ طُوًى ﴿١٦﴾ ٱذْهَبْ إِلَىٰ
فِرْعَوْنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿١٧﴾ فَقُلْ هَل لَّكَ إِلَىٰٓ أَن تَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾

***يەنى بىز چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ كەتسەكمۇ شۇنداق بولامدۇ؟» دېيىشىۋاتىدۇ① [11] ئۇلار يەنە: «ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) زىيانلىق قايتىش ئىكەنغۇ؟ (يەنى بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغان بولساق، دوزاخ ئەھلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، زىيان تارتقۇچى بولۇپ قالىمىز)» دېدى② [12]. ئۇ (تىرىلىش) غەزەبلىك قاتتىق بىر ئاۋاز (يەنى ئىسراپىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا (ئەمەلگە ئاشىدۇ) [13]. شۇنىڭ بىلەن ھەممە خالايىق يەر يۈزىگە چىقىپ قالىدۇ③ [14 ـ 13]. (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟ [15] ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا رەببى تۇۋا دېگەن مۇقەددەس ۋادىدا (مۇنداق دەپ) نىدا قىلغان ئىدى:④ [16] «سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن. ئۇ ھەققەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى⑤ [17]. ئۇنىڭغا: ‹سەن (كۇفرىدىن ۋە زۇلۇمدىن) پاك بولۇشنى خالامسەن؟⑥ [18].***

① ئۇلار: سۆڭەكلىرىمىز چىرىپ، ئۇۋۇلۇپ كەتكەن تۇرسا، قانداقمۇ تىرىلدۈرۈلىمىز؟ دەپ قىيامەتنى تېخىمۇ ئىنكار قىلماقچى بولىدۇ.

② يەنى ئەگەر ئىش راستتىنلا مۇھەممەد دېگەندەك بولسا، ئۇ چاغدا بۇ تىرىلىش بىز ئۈچۈن ناھايىتى زىيانلىق بولىدۇ.

③ ﴿سَاهِرَةِ﴾ دېگەندە زېمىن ئۈستى، تۈزلەڭلىك، مەيدان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۈزلەڭلىك زېمىننى ﴿سَاهِرَةِ﴾ دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب، ھەممە جانلىقلارنىڭ ئۇخلىشى ۋە ئويغىنىشى مۇشۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە بولغانلىقىدىندۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: كەڭرى تۈزلەڭلىك ۋە سەھرالاردا قورقۇنچ سەۋەبىدىن ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى قاچىدۇ، ئادەم ئۇنداق جايلاردا ئۇخلىيالماي ئويغاق تۇرىدۇ، شۇ ۋەجىدىن زېمىن ئۈستى ﴿سَاهِرَةِ﴾ «ئويغاق تۇرىدىغان جاي» دەپ ئاتالغان. (فەتھۇلقەدىر) ھەر

ھالدا بۇ قىيامەتنىڭ بىر كۆرۈنىشى بولۇپ، بىر سۈر چېلىش بىلەنلا بارلىق ئىنسانلار بىر مەيدانغا جەم بولىدۇ.

④ بۇ ۋەقە مۇسا ئەلەيھىسسالام مەديەندىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئوت ئىزدەپ تۇر تېغىغا كەلگەن چاغدا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا بىر دەرەخنىڭ ئۈستىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە تاھانىڭ بېشىدا بايان قىلىندى. «تۇۋا» شۇ جاينىڭ نامىدۇر. ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئاتا قىلدى. يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوت ئىزدەپ بارغان ئىدى. ئاللاھتىن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

⑤ يەنى پىرئەۋن كۇفرلۇق، گۇناھ-مەئسىيەت ۋە تەكەببۇرلۇقتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

⑥ يەنى ئەگەر ئۆزۈڭنى ئىسلاھ قىلىشنى ۋە توغرا يولدا بولۇشنى خالىساڭ، ئىسلامغا كىرگىن ۋە ئاللاھقا بويسۇنغىن.

وَأَهۡدِيَكَ إِلَىٰ رَبِّكَ فَتَخۡشَىٰ ﴿١٩﴾ فَأَرَىٰهُ ٱلۡأٓيَةَ ٱلۡكُبۡرَىٰ ﴿٢٠﴾ فَكَذَّبَ
وَعَصَىٰ ﴿٢١﴾ ثُمَّ أَدۡبَرَ يَسۡعَىٰ ﴿٢٢﴾ فَحَشَرَ فَنَادَىٰ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ أَنَا۠ رَبُّكُمُ
ٱلۡأَعۡلَىٰ ﴿٢٤﴾ فَأَخَذَهُ ٱللَّهُ نَكَالَ ٱلۡأٓخِرَةِ وَٱلۡأُولَىٰٓ ﴿٢٥﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ
لَعِبۡرَةٗ لِّمَن يَخۡشَىٰٓ ﴿٢٦﴾ ءَأَنتُمۡ أَشَدُّ خَلۡقًا أَمِ ٱلسَّمَآءُۚ بَنَىٰهَا ﴿٢٧﴾

*سېنى رەببىڭنىڭ يولىغا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ (ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، رەببىڭدىن) قورقىدىغان بولىسەن)»، دېگىن»① [19]. مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى② [20]. پىرئەۋن (ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسانى) ئىنكار قىلدى ۋە (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلدى③ [21]. ئاندىن ئۇ (مۇسانىڭ دەۋىتىدىن) يۈز ئۆرۈپ (ئۇنىڭغا قارشى ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشكە) كىرىشتى④ [22]. ئۇ دەرھال (ئۆز جامائەسىنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم ئۇلارغا نىدا قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك رەببىڭلار بولىمەن»⑤ دېدى [24 ـ 23]. ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە*

*ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى⑥ [25]. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار⑦ [26]. سىلەرنى يارىتىش مۇشكۈلمۇ ياكى ئاسماننى يارىتىشمۇ؟⑧ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى [27].*

① ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا تەۋھىدنىڭ ۋە ئىبادەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويۇشۇمنى خالامسەن؟ چۈنكى، ھىدايەت يولىدا ماڭغانلارنىڭ دىلىدا ئاللاھتىن قورقۇش پەيدا بولىدۇ.

② يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئاللاھ تەرەپتىن بېرىلگەن ئۆزىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كۆرسەتتى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: كۆرسەتكەن دەلىللەردىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ھاسا، ئاپئاق قول دېگەنلەرگە ئوخشاش. بەزىلەر: بۇنىڭدىن سۈرە ئىسرانىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان 9 مۆجىزە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

③ لېكىن پىرئەۋن بۇ دەلىل ۋە مۆجىزىلەردىن ھېچ تەسىرلەنمىدى. ئۇ ئىنكار قىلىش ۋە ئىتائەتسىزلىك يولىنى تۇتتى.

④ يەنى ئۇ ئىمان ۋە ئىتائەتتىن يۈز ئۆرۈپلا قالماستىن، يەنە تېخى زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشقا كىرىشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن سېھىرگەرلەرنى توپلاپ، ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلدى.

⑤ ئۇ قەۋمىنى، ئەسكەرلىرىنى ۋە سېھىرگەرلەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن توپلىدى. ئۇ يەنە جاھىللىق بىلەن ئۆزىنى ئۇلارنىڭ بۈيۈك رەببى ۋە پەرۋەردىگارى دەپ ئېلان قىلدى.

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنى دۇنيادا قاتتىق جازالاپ، كېيىنكى ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئۈچۈن ئىبرەت قىلدى. ئۇ يەنە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

⑦ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدىكى، ئەگەر ئۇلار ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ۋەقەلىرىدىن ئىبرەت ئالمىسا، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ

پىرئەۋنگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

⑧ بۇ كاپىرلارغا قارىتىلغان كايىش ۋە ئەيىبلەش يۈزىسىدىن قىلىنغان خىتابتۇر. چەكسىز ئاسمانلارنى ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇداتنى ياراتقان زات ئۇچۇن سىلەرنى تىرىلدۈرۈش قانداقمۇ قىيىن بولسۇن؟! سىلەرنى تىرىلدۈرۈش ئاسماننى يارىتىشتىنمۇ بەك مۈشكۈلمۇ؟

رَفَعَ سَمۡكَهَا فَسَوَّىٰهَا ﴿٢٨﴾ وَأَغۡطَشَ لَيۡلَهَا وَأَخۡرَجَ ضُحَىٰهَا ﴿٢٩﴾
وَٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ ذَٰلِكَ دَحَىٰهَآ ﴿٣٠﴾ أَخۡرَجَ مِنۡهَا مَآءَهَا وَمَرۡعَىٰهَا ﴿٣١﴾
وَٱلۡجِبَالَ أَرۡسَىٰهَا ﴿٣٢﴾ مَتَٰعٗا لَّكُمۡ وَلِأَنۡعَٰمِكُمۡ ﴿٣٣﴾ فَإِذَا جَآءَتِ
ٱلطَّآمَّةُ ٱلۡكُبۡرَىٰ ﴿٣٤﴾ يَوۡمَ يَتَذَكَّرُ ٱلۡإِنسَٰنُ مَا سَعَىٰ ﴿٣٥﴾ وَبُرِّزَتِ
ٱلۡجَحِيمُ لِمَن يَرَىٰ ﴿٣٦﴾

*ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم - كۈتىسىز قىلدى① [28]. ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى② [29]. شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ياشاشقا لايىق قىلىپ) يايدى③ [30]. سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھ زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى، تاغلارنى (زېمىنغا) مۇقىم (مۇستەھكەم قىلىپ) ئورناتتى [31 ـ 33]. چوڭ ئېغىرچىلىق (قىيامەت) كەلگەن كۈندە، ئىنسان (قىلغان ياخشى - يامان) ئىشلىرىنى ئەسلەيدۇ [34 ـ 35]. (ھەربىر) كۆرىدىغان ئادەمگە جەھەننەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ④ [36].*

① ﴿سَمۡكَهَا﴾نى بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭ تورۇسىنى يۈكسەك قىلدى دەپ تەپسىر قىلدى. ﴿كەم-كۈتىسىز قىلدى﴾ دېگەن ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق، نۇقسان، قۇسۇر ۋە چالا قويماي مۇكەممەل شەكىلدە ياراتتى دېگەنلىكتۇر.

② ﴿اَغۡطَشَ﴾ قاپقاراڭغۇ قىلدى. ﴿اَخۡرَجَ﴾ يورۇق قىلدى دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ يەردە ئەرەبچە " نَهَارَهَا " كۈندۈزىنى دېگەننىڭ ئورنىغا

"ضُحَاهَا " چاشكا ۋاقتىنى دەپ كەلتۈرۈشىنىڭ سەۋەبى چاشكا ۋاقتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى كۈندۈزنى كۈنىنىڭ نۇرى بىلەن روشەن، يوپيورۇق قىلدى دېمەكتۇر.

③ بۇ نۇقتا سۈرە ھامىم سەجدىنىڭ9 ـ ئايىتىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ﴿خَلَقَ﴾ «ياراتتى» بىلەن ﴿دَحَىٰ﴾ «يايدى»نىڭ مەنە جەھەتتىكى پەرقى ئايرىلدى. دېمەك زېمىن ئاسماندىن بۇرۇن يارىتىلغان، لېكىن ئۇنىڭ يېيىلىشى ئاسمان يارىتىلىپ بولغاندىن كېيىن بولغان، بۇ ئايەتتە مۇشۇ ھەقىقەت بايان قىلىندى. زېمىننى يايدى ۋە تۈزلەڭلىك قىلدى دېگەننىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا زېمىننى ياشاشقا لايىق قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ياراتتى دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: زېمىندىن سۇ چىقاردى. ئۇنىڭدا ئوت ـ چۆپ ۋە ئوزۇقلۇقلارنى ياراتتى. زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاغلارنى قوزۇق قىلدى.

④ يەنى جەھەننەم كاپىرلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرار جايىنىڭ جەھەننەم ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: مۇئمىن ۋە كاپىر ھەر ئىككىسى جەھەننەمنى كۆرىدۇ، مۇئمىن ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى جەھەننەمدىن ساقلاپ قالغانلىقىغا شۈكۈر ئادا قىلىدۇ، ئەمما باشتىنلا قورقۇپ تۇرغان كاپىر جەھەننەمنى كۆرگەندە، غەم ـ ھەسرەتلىرى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ كېتىدۇ.

فَأَمَّا مَن طَغَىٰ ﴿٣٧﴾ وَءَاثَرَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا ﴿٣٨﴾ فَإِنَّ ٱلْجَحِيمَ هِىَ
ٱلْمَأْوَىٰ ﴿٣٩﴾ وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ وَنَهَى ٱلنَّفْسَ عَنِ
ٱلْهَوَىٰ ﴿٤٠﴾ فَإِنَّ ٱلْجَنَّةَ هِىَ ٱلْمَأْوَىٰ ﴿٤١﴾ يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ
مُرْسَىٰهَا ﴿٤٢﴾ فِيمَ أَنتَ مِن ذِكْرَىٰهَآ ﴿٤٣﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ مُنتَهَىٰهَآ ﴿٤٤﴾ إِنَّمَآ
أَنتَ مُنذِرُ مَن يَخْشَىٰهَا ﴿٤٥﴾ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا لَمْ يَلْبَثُوٓا۟ إِلَّا
عَشِيَّةً أَوْ ضُحَىٰهَا ﴿٤٦﴾

***كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن① [37]، دۇنيا***

*تىرىكچىلىكنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن② [38]، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ③ [39]. رەببىنىڭ ماقامىدىن (يەنى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ سوراققا تارتىلىشتىن) قورققان④، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك⑤ [40]، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ⑥ [41]. ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ⑦ [42]. سەن ئۇنى قانداقمۇ دەپ بېرەلەيسەن؟⑧ [43] ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىش رەببىڭگە خاستۇر [44]. سەن پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن⑨ [45]. ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەكلا (ھېس قىلىدۇ)⑩ [46].*

① يەنى كۇفرىدا ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن.

② يەنى پەقەت دۇنيا ئۈچۈنلا بارلىقىنى ئاتاپ، ئاخىرەت ئۈچۈن ھېچقانداق تەييارلىق قىلمايدىكەن.

③ ئۇنىڭ بارار جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇنىڭغا جەھەننەمدىن پاناھلىنىدىغان ھېچ ماكان ۋە پاناگاھ بولمايدۇ.

④ يەنى ئەگەر مەن گۇناھ قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلسام، مېنى ئاللاھتىن قوغداپ قالىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ دەپ گۇناھلاردىن ساقلانغان ئادەم.

⑤ نەپسى خاھىشىنى گۇناھتىن ۋە ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن توسقان ئادەم.

⑥ ئۇنداق ئادەم جەننەتتە ياشايدۇ، ھەتتا ئۇ يەردە ئاللاھقا مېھمان بولىدۇ.

⑦ يەنى قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ كېمىنىڭ ئاخىرقى نىشانغا يېتىپ بېرىش ۋاقتىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ، ئۇنداقتا قىيامەت بولىدىغان ئېنىق ۋاقىت قاچان؟ دەپ سورايدۇ.

⑧ يەنى قىيامەت بولىدىغان ئېنىق ۋاقىتنى سەن بىلمەيسەن. شۇڭا،

ئۇنىڭ ۋاقتىنى بايان قىلىشمۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس. ئۇنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

⑨يەنى سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ئاگاھلاندۇرۇش (قورقۇتۇش)تىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت غەيبتىن خەۋەر بېرىش سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئەمەس. ﴿مَنْ يَّخْشٰيهَا﴾ «پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان كىشىلەرنى» دېيىشتىن مەقسەت، دىللىرىدا ئاللاھتىن قورقىدىغانلارنىڭلا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە دەۋەتتىن توغرا پايدا ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر. بولمىسا، ئۇنىڭغا كەلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە دەۋەت قىلىش بۇيرۇقى ھەممە ئىنسانلار ئۈچۈندۇر.

⑩﴿عَشِيَّةً﴾ چۈش ۋاقتىدىن باشلاپ كۈن پاتقىچە بولغان ۋاقىتنى، ﴿ضُحٰيهَا﴾ (چاشكا) كۈن چىققان ۋاقىتتىن باشلاپ، كۈندۈزنىڭ يېرىمىغىچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك كاپىر جەھەننەمنىڭ ئازابىنى كۆرگەن چاغدا، دۇنيادىكى پۈتۈن راھەت-پاراغەتلىرى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇ دۇنيادا پۈتۈن بىر كۈنمۇ ياشىمىغاندەك ھېس قىلىدۇ. گويا دۇنيادا پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەكلا ئويلاپ، دۇنيادا تۇرغان ۋاقىتنى ناھايىتى ئاز ھېس قىلىدۇ.

# سۈرە ئەبەسە

| (٨٠) سورة عبس مكية ٤٢ آية | (80) سۈرە ئەبەسە مەككىدە چۈشكەن 42 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

عَبَسَ وَتَوَلَّىٰٓ ﴿١﴾ أَن جَآءَهُ ٱلۡأَعۡمَىٰ ﴿٢﴾ وَمَا يُدۡرِيكَ لَعَلَّهُۥ يَزَّكَّىٰٓ ﴿٣﴾
أَوۡ يَذَّكَّرُ فَتَنفَعَهُ ٱلذِّكۡرَىٰٓ ﴿٤﴾

***ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەرىنى تۈردى ۋە تەتۈر قارىدى① [2 ـ 1]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكىم ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىپ قېلىشى② ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن [4 ـ 3].***

★ بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە ھەممە تەپسىرشۇناس ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. بۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇمەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان سۈرىدۇر. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش كاتتىباشلىرىدىن بىرىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتاتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ قېشىغا كۆزى ئەما ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇمەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ قالدى، ئۇ كىرىپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دىنىي مەسىلىلەرنى سوراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئۇنىڭدىن بىئەپلىك ھېس قىلدى، ئۇنىڭغا چىرايىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈپ ھېلىقى كىشىگە قارىدى. دەل شۇ پەيتتە بۇ ئايەت ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ چۈشتى. (سۈنەنى تىرمىزى 3331ـھەدىس، ئالبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى)

① ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇمەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ كەلگەنلىكىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدا خالىماسلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ﴿عَبَسَ﴾ دېگەن پېئىل بىلەن ۋە تەتۈر قارىغانلىقىنى ﴿تَوَلَّىٰٓ﴾ دېگەن پېئىل بىلەن ئىپادىلىدى.

② بەلكىم ئۇ ئەما كىشى سەندىن دىنىي مەرىپەت ھاسىل قىلىپ، ياخشى ئەمەل قىلىدۇ، ئەخلاقى تۈزىلىدۇ، ئىچكى دۇنياسى پاكلىنىدۇ. دېمەك، سېنىڭ نەسىھىتىڭنى ئاڭلاش ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزىدۇ.

أَمَّا مَنِ ٱسْتَغْنَىٰ ٥ فَأَنتَ لَهُۥ تَصَدَّىٰ ٦ وَمَا عَلَيْكَ أَلَّا يَزَّكَّىٰ ٧
وَأَمَّا مَن جَآءَكَ يَسْعَىٰ ٨ وَهُوَ يَخْشَىٰ ٩ فَأَنتَ عَنْهُ تَلَهَّىٰ ١٠
كَلَّآ إِنَّهَا تَذْكِرَةٌ ١١ فَمَن شَآءَ ذَكَرَهُۥ ١٢ فِى صُحُفٍ مُّكَرَّمَةٍ ١٣

*ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك①، سەن (ئۇنى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن دەپ) ئۇنىڭغا يۈزلىنىۋاتىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىسەن)② [5 ـ 6]. ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟③ [7]. ئاللاھتىن قورقۇپ④ سېنىڭ يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك⑤، سەن ئۇنىڭغا قارىمايۋاتىسەن⑥ [8 ـ 10]. سەن (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنداق قىلمىغىن⑦. بۇ ئايەتلەر ۋەز ـ نەسىھەتتۇر [11] خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ⑧ [12]. ئۇ (ئايەتلەر) قىممەتلىك سەھىپىلەردىدۇر⑨ [13]،*

① ساڭا ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ئىلىمدىن ۋە ئىماندىن ئۆزىنى بىھاجەت سانايدىغان ئادەمگە كەلسەك. يەنە بىر مەنىسى: پۇلدار، باي ئادەمگە كەلسەك.

② بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ ئېنىق بىلدۈرۈلدىكى، ئىخلاسمەنلەرنى تاشلاپ، يۈز ئۆرۈگەنلەرگە ئەھمىيەت بېرىش توغرا ئەمەس.

③ چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق كاپىرلارغا ئۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتۇر.

④ يەنى دىلىدا ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىگە سېنىڭ سۆزۈڭ پايدىلىقتۇر. ئۇنداق كىشىنىڭ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىدا ئۈمىد باردۇر.

⑤ يەنى نەسىھەتىڭنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن كىشىنى ياخشىلىقچا باشلىغىن، ئۇنىڭغا ۋەز-نەسىھەت قىلغىن.

⑥ بۇنداق كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئىززەتلەش ۋە قەدىرلەش كېرەك. بۇ ئايەتلەردىن مەلۇم بولدىكى، ۋەز - نەسىھەتنى پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرگىلا خاس قىلماستىن، بەلكى ئومۇمىي شەكىلدە قىلىش، ئاڭلىغۇچىلار مەيلى مەرتىۋىسى يۇقىرى كىشىلەر بولسۇن ياكى مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىلەر بولسۇن، باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن، خوجايىن بولسۇن ياكى خادىم بولسۇن، ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممىسىنى ئوخشاش ئورۇندا قويۇپ، باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش ۋە ئورتاق خىتاب قىلىش كېرەك. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خالىغان كىشىنى ھىدايەت يولىغا باشلايدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

⑦ كەمبەغەلدىن يۈز ئۆرۈپ، مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش توغرا ئەمەس. دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىش تەكرارلانمىسۇن.

⑧ يەنى قىزىققان ۋە كۆڭۈل قويغان ئادەم بۇ ئايەتلەردىن نەسىھەت ئالىدۇ، ئۇنى يادلايدۇ ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلايدۇ. قۇرەيش كاتتىباشلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويمىغان ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەردىن غەم قىلىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

⑨يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغاندۇر. چۈنكى، قۇرئان شۇ يەردىن نازىل بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى: بۇ سەھىپىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا

ناھايىتى قىممەتلىك ۋە قەدىرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ ئىلىم-ھېكمەتكە تولغان سەھىپىلەردۇر.

مَّرۡفُوعَةٖ مُّطَهَّرَةِۭ ﴿١٤﴾ بِأَيۡدِي سَفَرَةٖ ﴿١٥﴾ كِرَامِۭ بَرَرَةٖ ﴿١٦﴾ قُتِلَ ٱلۡإِنسَٰنُ
مَآ أَكۡفَرَهُۥ ﴿١٧﴾ مِنۡ أَيِّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥ ﴿١٨﴾ مِن نُّطۡفَةٍ خَلَقَهُۥ
فَقَدَّرَهُۥ ﴿١٩﴾ ثُمَّ ٱلسَّبِيلَ يَسَّرَهُۥ ﴿٢٠﴾ ثُمَّ أَمَاتَهُۥ فَأَقۡبَرَهُۥ ﴿٢١﴾

***ئۇ (قەدرى) ئۈستۈن پاك سەھىپىلەردۇر① [14]. (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان)② پۈتۈكچىلەرنىڭ قوللىرىدىدۇر③ [16 ـ 15]. (كۇفرلىق قىلغان) ئىنسانغا لەنەت بولسۇن، ئۇ نېمە دېگەن تۇزكور!④ [17] ئاللاھ ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟ [18] ئاللاھ ئۇنى ئابمەنىيدىن ياراتتى⑤، ئاندىن (ئۇنىڭ ئەزالىرىنى) ئۆلچەملىك قىلدى⑥ [19]. ئاندىن ئۇنىڭغا يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى⑦ [20]. ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى، ئاندىن ئۇنى قەبرىگە كۆمدۈردى⑧ [21].***

① ﴿مَرۡفُوعَةٖ﴾ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇ سەھىپىلەرنىڭ قەدرى ئۈستۈندۇر ياكى ئۇلاردا شۈبھە ۋە زىتلىق بولۇشتىن ئۈستۈندۇر. ﴿مُّطَهَّرَةِۭ﴾ ئۇ سەھىپىلەر ناھايىتى پاكتۇر. چۈنكى، ئۇلارنى پاك كىشىلەر (پەرىشتىلەر)دىن باشقا ھېچكىم تۇتمايدۇ. يەنە بىر مەنىسى: ئۇ سەھىپىلەر كەمچىلىك ۋە نۇقساندىن پاكتۇر.

② يەنى ئۇ پەرىشتىلەر ئەخلاقىي جەھەتتىن ئېسىل ۋە ئالىيجاناب، ئىش-ھەرىكەت جەھەتتىن پاك ۋە گۇناھسىزدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، قۇرئاننى يادا ئالغان (قارى ۋە ئۆلىما)لارمۇ مەزكۇر پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدە ھەقچىل بولۇشى ۋە توغرا يول ئۈستىدە مېڭىشى لازىم. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ ﴿سَفَرَةٖ﴾ «ئەلچىلەر» " سَافِرٌ "نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، " سَفَارَةٌ "دىن تۈرلىنىپ چىققان. تەرجىمىدە پۈتۈكچىلەر دەپ ئېلىنغان. بۇ يەردە

ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى پەيغەمبەرلىرىگە يەتكۈزىدىغان پەرىشتىلەر، يەنى ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەرلىرى ئارىسىدا ئەلچىلىك قىلىدىغان پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، بۇ قۇرئان شۇنداق ئەلچىلەرنىڭ قوللىرىدىدۇركى، ئۇلار ئۇنى لەۋھۇلمەھپۇزدىن ئېلىپ كېلىدۇ. ھەدىستىمۇ ﴿سَفَرَةٍ﴾ دېگەن سۆز پەرىشتىلەرگە قارىتىلغان. مەسىلەن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى (ئوقۇشتا قىينالماي) راۋان ئوقۇغان كىشى " مَعَ السَّفَرَةِ الْكِرَامِ الـبَرَرَةِ " ھۆرمەتلىك ياخشى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. قۇرئاننى (قىينىلىپ ئوقۇغان) كىشىگە ئىككى ھەسسە ساۋاب بار». (سەھىھۇل بۇخارى 4937-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 798-ھەدىس)

④ بۇ يەردىكى «ئىنسان»دىن ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتسىز قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان ئىنسان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردىكى ﴿ قُتِلَ﴾ " لُعِنَ " لەنەت بولسۇن دېگەن مەنىدە. ﴿مَا أَكْفَرَهُ﴾ ھەيران قالغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل بولۇپ، ﴿ئۇ نېمە دېگەن تۇزكور!﴾ دېگەنلىك بولىدۇ. تۆۋەندە مۇشۇ تۇزكور ئىنساننىڭ كۇفرىدىن قايتىپ قېلىشى ئۈمىد قىلىنىپ، تەپەككۇر قىلىشقا دەۋەت قىلىنىۋاتىدۇ.

⑤ يەنى ئەسلىي يارىتىلىشى بىر تامچە قەدىرسىز سۇدىن بولغان ئىنسانغا تەكەببۇرلۇق يارىشامدۇ؟

⑥ يەنى ئىنسان ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ۋە پايدىلىق بولغان ئەزالارنى ياراتتى. ئۇنىڭغا ئىككى قول، ئىككى پۇت، ئىككى كۆز ۋە باشقا لازىملىق ئەزالارنى ئۆلچەملىك شەكىلدە ئاتا قىلدى.

⑦ يەنى ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ يوللىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ قويدى. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىقىشنى (تۇغۇلۇشنى) ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. لېكىن، ئالدىنقى ئىزاھ ئەڭ توغرىدۇر.

⑧ يەنى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ھۆرمىتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ جەسىتىنى قەبرىگە دەپنە قىلىشقا بۇيرىدى. ئەگەر دەپنە قىلىنمايدىغان بولسا، جەسىتىنى ئۇچار-قۇشلار چوقۇپ يېگەن بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغان بولاتتى.

ثُمَّ إِذَا شَآءَ أَنشَرَهُۥ ﴿٢٢﴾ كَلَّا لَمَّا يَقْضِ مَآ أَمَرَهُۥ ﴿٢٣﴾ فَلْيَنظُرِ
ٱلْإِنسَٰنُ إِلَىٰ طَعَامِهِۦٓ ﴿٢٤﴾ أَنَّا صَبَبْنَا ٱلْمَآءَ صَبًّا ﴿٢٥﴾ ثُمَّ شَقَقْنَا
ٱلْأَرْضَ شَقًّا ﴿٢٦﴾ فَأَنۢبَتْنَا فِيهَا حَبًّا ﴿٢٧﴾ وَعِنَبًا وَقَضْبًا ﴿٢٨﴾ وَزَيْتُونًا
وَنَخْلًا ﴿٢٩﴾ وَحَدَآئِقَ غُلْبًا ﴿٣٠﴾ وَفَٰكِهَةً وَأَبًّا ﴿٣١﴾ مَّتَٰعًا لَّكُمْ
وَلِأَنْعَٰمِكُمْ ﴿٣٢﴾ فَإِذَا جَآءَتِ ٱلصَّآخَّةُ ﴿٣٣﴾ يَوْمَ يَفِرُّ ٱلْمَرْءُ مِنْ
أَخِيهِ ﴿٣٤﴾ وَأُمِّهِۦ وَأَبِيهِ ﴿٣٥﴾ وَصَٰحِبَتِهِۦ وَبَنِيهِ ﴿٣٦﴾ لِكُلِّ ٱمْرِئٍ مِّنْهُمْ
يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ ﴿٣٧﴾

***ئاندىن ئاللاھ ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ [22]. ياق!① ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمىدى [23]. ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قاراپ باقسۇن② [24]. شەكسىزكى، بىز زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق [25]. ئاندىن زېمىننى (ئۆسۈملۈكلەر بىلەن) ياردۇق [26]. سىلەرنىڭ ۋە چارۋىلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا دانلىق زىرائەتلەرنى، ئۈزۈمنى، يېشىل ئوتلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت - چۆپلەرنى③ ئۆستۈردۇق [32 ـ 27]. (قىيامەتنىڭ قۇلاقلارنى گاس قىلىۋېتىدىغان) قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ)④ [33]. ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، ئايالىدىن ۋە بالىلىرىدىنمۇ قاچىدۇ [36 ـ 34]. ئۇ كۈندە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدىغان ئىشى (غېمى ۋە ھالى) بولىدۇ (ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا شۇ ئىشى يار بەرمەيدۇ)⑤ [37].***

① يەنى ئىش بۇ كاپىر ئېيتقاندەك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆز زېمىنىسىدىكى ۋە پۇل - مېلىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈردۈم، دېگىنى توغرا ئەمەس. ئۇ بۇ سۆزىدىن يانسۇن.

② ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايات ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېمەكلىكلەرنى ئاللاھنىڭ قانداق يارىتىپ بەرگەنلىكىگە ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت-

سائادەتنى ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن، تىرىكچىلىك لازىمەتلىكلىرىنى قانداق ھازىرلاپ بەرگەنلىكىگە قارىسۇن.

③ ﴿أَبًّا﴾ ھايۋانلار يەيدىغان سامان، دان ۋە ئوت-چۆپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

④ قىيامەتنىڭ ﴿الصَّآخَّةُ﴾ (قۇلاقلارنى گاس قىلىۋېتىدىغان) قاتتىق ئاۋاز دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، قىيامەت قۇلاقلارنى گاس قىلىۋېتىدىغان قاتتىق بىر ئاۋاز (يەنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەن تەڭلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

⑤ يەنە بىر مەنىسى، قىيامەتنىڭ قاتتىق ئاۋازى ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-يارەنلىرىدىن بىھاجەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن كارى بولماس قىلىپ قويىدۇ. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر (قىيامەت كۈنى توپلىنىش مەيدانىغا) يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، پىيادە ۋە خەتنىسىز ھالەتتە يىغىلىسىلەر» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداق بولسا كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ ئۇياتلىق يېرىنى كۆرۈپ قالامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: ﴿ئۇ كۈندە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە يېتىپ ئاشقىدەك ئىشى (غېمى ۋە ھالى) بولىدۇ (ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا شۇ ئىشى يار بەرمەيدۇ)﴾. (سۈنەنى تىرمىزى 3332-ھەدىس) ئۇنىڭ سەۋەبى بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئىنسان ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن قېچىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغان ھالىتىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈندۇر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئۇلاردىن قاچىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

وُجُوهٌ يَوۡمَئِذٖ مُّسۡفِرَةٞ ٣٨ ضَاحِكَةٞ مُّسۡتَبۡشِرَةٞ ٣٩ وَوُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ
عَلَيۡهَا غَبَرَةٞ ٤٠ تَرۡهَقُهَا قَتَرَةٌ ٤١ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَفَرَةُ ٱلۡفَجَرَةُ ٤٢

*ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال - خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ① [38 - 39]. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ - توزان بېسىپ، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ② [41 - 40]. ئەنە*

***شۇلار كاپىرلاردۇر، گۇناھكارلاردۇر③ [42].***

① بۇ مۇئمىنلەرنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتتۇر. ئۇلارنىڭ نامە-ئەمەللىرى ئوڭ قوللىرىدىن بېرىلگەچكە، ئۆزلىرىنىڭ سائادەتمەنلەردىن بولغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

② خارلىق ۋە ئازابنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ چىرايى خۇددى ناھايىتى غەمكىن ئادەمنىڭ چىرايىدەك چاڭ-توزان باسقان، مەينەت، سەت ۋە قارا بولىدۇ.

③ يەنى ئۇلار ئاللاھنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچى، ئەخلاقسىز ھەم پەسكەش ئادەملەردۇر. (ئى ئاللاھ، بىزنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلمىغىن)

# سۈرە تەكۋىر

| (٨١) سورة التكوير مكية ٢٩ آية | (81) سۈرە تەكۋىر مەككىدە چۈشكەن 29 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِذَا ٱلشَّمۡسُ كُوِّرَتۡ ①

***كۈن يۆگەلگەن (نۇرى ئۆچكەن) چاغدا① [1]***

★ بۇ قىيامەتنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن سۈرىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قىيامەت كۈنىدە (بولىدىغان ئەھۋاللارنى) ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بىلىشنى ياقتۇرسا، سۈرە تەكۋىر، سۈرە ئىنفىتار ۋە سۈرە ئىنشىقاقنى ئوقۇسۇن». (سۈنەنى تىرمىزى 3333-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 27-، 36 –، 100-بەت. ئالبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 3-توم، 1081-ھەدىس)

① يەنى باشقا سەللە يۆگەلگەنگە ئوخشاش، كۈن يۆگىلىپ تاشلانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نۇرى ئۆزلىكىدىنلا ئۆچكەن چاغدا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاي بىلەن كۈن يۆگەپ قويۇلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلىدۇ)». (سەھىھۇل بۇخارى 3200-ھەدىس) بەزى رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە: كۈن بىلەن ئايغا ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلارنىڭ تېخىمۇ خار ۋە زەبۇن بولۇشى ئۈچۈن ئۇ

ئىككىسى يۆگىلىپ (قاتلىنىپ)، جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ. (فەتھۇلبارى 6-توم، 360-بەت)

وَإِذَا ٱلنُّجُومُ ٱنكَدَرَتۡ ﴿٢﴾ وَإِذَا ٱلۡجِبَالُ سُيِّرَتۡ ﴿٣﴾ وَإِذَا ٱلۡعِشَارُ
عُطِّلَتۡ ﴿٤﴾ وَإِذَا ٱلۡوُحُوشُ حُشِرَتۡ ﴿٥﴾ وَإِذَا ٱلۡبِحَارُ سُجِّرَتۡ ﴿٦﴾ وَإِذَا
ٱلنُّفُوسُ زُوِّجَتۡ ﴿٧﴾ وَإِذَا ٱلۡمَوۡءُۥدَةُ سُئِلَتۡ ﴿٨﴾ بِأَيِّ ذَنۢبٖ قُتِلَتۡ ﴿٩﴾
وَإِذَا ٱلصُّحُفُ نُشِرَتۡ ﴿١٠﴾

*يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا① [2]، تاغلار (ئۆرۈلگەن) غۇلاپ كۆچكەن چاغدا② [3]، بوغاز تۆگىلەر (ئىگىسىز قېلىپ) تاشلىنىۋېتىلگەن چاغدا③ [4]، ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا④ [5]، دېڭىزلار ئوت بولۇپ يانغان چاغدا⑤ [6]، جانلار (ئۆز جىسىملىرىغا ياكى قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا⑥ [7]، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بوۋاقتىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدىڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا⑦ [8 ـ 9]، (نامە ـ ئەمەل) دەپتەرلىرى ئېچىلغان چاغدا⑧ [10]*

① يەنە بىر مەنىسى: يۇلتۇزلار ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن، يەنى ئاسماندا ئۇلارنىڭ نىشانى قالمىغان چاغدا.

② يەنى تاغلار يەرگە يېقىتىلىپ، ھاۋاغا ئۇچۇرۇلغان، ئاندىن ئۇلار ئېتىلغان يۇڭدەك ئۇچۇپ كەتكەن چاغدا.

③ ﴿الۡعِشَارُ﴾ " عُشَرَاءُ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بوغاز تۆگىلەر دېگەن مەنىدە. ئەرەبلەردە بوغاز تۆگىلەرنىڭ ھامىلىسى ئون ئاي بولغاندا ئەڭ ئېسىل ۋە قىممەت باھالىق ھېسابلىنىدۇ. قىيامەت قايىم بولغان چاغدا، شۇ قەدەر دەھشەتلىك ھالەت بولىدۇكى، ئاشۇنداق قىممەت باھالىق تۆگىلەرنىڭ ئىگىلىرىمۇ ئۇلارغا پەرۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنى تاشلىۋېتىدۇ.

④ يەنى ياۋايى ھايۋانلارمۇ قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھقا جەم

قىلىنىدۇ.

⑤ دېڭىزلار ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئوت بولۇپ يانىدۇ.

⑥ بۇ ئايەتنىڭ بىر نەچچە مەنىسى بار، ئەڭ توغرا دەپ قىياس قىلىنغان ئۇقۇمدىن مەلۇم بولىدۇكى، ھەربىر ئادەم ئۆزى بىلەن ئوخشاش يولدىكى ۋە ئوخشاش ئېقىمدىكى كىشىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. مۇئمىن مۇئمىنلەر بىلەن، يامان ئادەم يامانلار بىلەن، يەھۇدىي يەھۇدىيلار بىلەن ۋە خرىستىئان خرىستىئانلار بىلەن بىللە بولىدۇ. دېمەك ھەر ئادەم ئۆز تويى بىلەن بىللە بولىدۇ. يەنى ھەر كىم ئۆز تويىغا قوشۇلغان چاغدا.

⑦ مۇشۇ تەرىقىدە قاتىل سوراقلقا تارتىلىدۇ ۋە ئەيىبلىنىدۇ. چۈنكى، ئەسلىي جىنايەتچى قاتىلدۇر، كۆمۈلگەن قىز ئەمەس. بۇ يەردە سوئالنىڭ قىزغا قارتىلغانلىقى گۇناھسىز قىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭغا مالامەت قىلىش ئۈچۈندۇر. (فەتھۇلقەدىر)

⑧ ئىنسان ئۆلگەن چاغدا نامە-ئەمەل دەپتەرلىرى قاتلىنىپ يىپىلىدۇ، ئەمما قىيامەت كۈنى ھېساب ئۈچۈن ئۇ دەپتەرلەر ئېچىلىدۇ، ئۇنى ھەممە ئادەم كۆرىدۇ، ھەتتا ھەر كىمنىڭ نامە-ئەمەل دەپتىرى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلىدۇ.

وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ كُشِطَتۡ ﴿١١﴾ وَإِذَا ٱلۡجَحِيمُ سُعِّرَتۡ ﴿١٢﴾ وَإِذَا ٱلۡجَنَّةُ
أُزۡلِفَتۡ ﴿١٣﴾ عَلِمَتۡ نَفۡسٌ مَّآ أَحۡضَرَتۡ ﴿١٤﴾ فَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلۡخُنَّسِ ﴿١٥﴾
ٱلۡجَوَارِ ٱلۡكُنَّسِ ﴿١٦﴾ وَٱلَّيۡلِ إِذَا عَسۡعَسَ ﴿١٧﴾ وَٱلصُّبۡحِ إِذَا تَنَفَّسَ ﴿١٨﴾
إِنَّهُۥ لَقَوۡلُ رَسُولٖ كَرِيمٖ ﴿١٩﴾ ذِي قُوَّةٍ عِندَ ذِي ٱلۡعَرۡشِ مَكِينٖ ﴿٢٠﴾

***ئاسمان (يۈزى) ئېچىپ تاشلانغان چاغدا① [11]، دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا [12]، جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا [13]، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ (ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن) نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلىدۇ② [14]. كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى ئاشكارىلىنىدىغان يۇلتۇز ۋە سەييارىلار بىلەن قەسەم قىلىمەن③ [15 ـ 16]، قاراڭغۇلۇقى كېلىشكە باشلىغان كېچە بىلەن قەسەم***

***قىلىمەن④ [17]، يورۇشقا باشلىغان سۇبھى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى⑤ [18]، ئەلۋەتتە بۇ (قۇرئان) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (جىبرىل ئاللاھتىن) ئېلىپ كەلگەن سۆزدۇر⑥ [19]. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر⑦، ئەرشنىڭ ئىگىسى (بولغان ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر [20].***

① يەنى ئۆيىنىڭ تورۇسى ئېچىۋېتىلگەندەك، ئاسماننىڭ يۈزى ئېچىۋېتىلگەن چاغدا.

② بۇ جۈملە يۇقىرىدىكى شەرت جۈملىلەرنىڭ جاۋابىدۇر. يەنى يۇقىرىدىكى ئالتىسى دۇنياغا ئالاقىدار، ئالتىسى ئاخىرەتكە ئالاقىدار ئىشلار زاھىر بولغان چاغدا، ھەر ئادەمگە ئۆز قىلمىشى ئايان بولىدۇ. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ (ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن) نېمىلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

③ ﴿الْخُنَّسِ﴾ سەييارە يۇلتۇز ۋە پلانېتالارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز ئەسلىدە " خَنَسَ »دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، چېكىنمەك، ئارقىسىغا يانماق، كېچىكمەك، يوشۇرۇنماق دېگەن مەنىدە. بۇ سەييارىلەر كۈندۈزدە يوشۇرۇقلۇق بولىدۇ، شۇڭا كۆرۈنمەيدۇ. بۇلار: ساتۇرن، يۇپىتېر، مارس، ۋېنېرا ۋە مېركۇري قاتارلىقلاردۇر. ئۇلار قۇياش ۋە ئاي بىلەن بىللە ئۆز ئوربىتىسىدا سەير قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: كۈندۈزى يوشۇرۇنغۇچى، كېچىسى قايتا ئاشكارىلانغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېگەن بولىدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە بىر يەرگە مەقسەتلىك يوشۇرۇنۇۋالغان بولماستىن، بەلكى زېمىننىڭ قارشىسىدا سەير قىلىپ تۇرغاچقا، بىز پەقەت ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز خالاس. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇنىڭدىن بارلىق يۇلتۇزلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، بارلىق يۇلتۇزلار غايىپ بولىدىغان جايغا كەلگەندە غايىپ بولىدۇ ياكى كۈندۈزدە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ دەپ قارايدۇ. ﴿الْجَوَارِ﴾ (ئۆز ئوربىتىسىدا) ماڭىدىغان يۇلتۇزلارنى، ﴿الْكُنَّسِ﴾ خۇددى بۇغا كېچىسى ئۇۋىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغاندەك (پاتقاندىن كېيىن) يوشۇرۇنىۋالىدىغان يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىدۇ.

④ ﴿عَسْعَسَ﴾ قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، كېلىش ۋە كېتىش ھەر ئىككى مەنىدە قوللىنىلىدۇ. كېتىش

مەنىسى ئېلىنغاندا، ﴿قاراڭغۇلۇقى كېتىشكە باشلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

⑤ يەنى تاڭ ئاتقاندا، يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەن. يەنە بىر مەنىسى: نەپەس ئالغان چاغدىكى سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەن.

⑥ ئۇ پەرىشتە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىززەتلىك بولدىكى، ئۇ قۇرئاننى ئاللاھ تەرەپتىن ئېلىپ كەلدى. بۇ پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالامدۇر.

⑦ يەنى ئۇ تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورۇندايدۇ.

مُّطَاعٍ ثَمَّ أَمِينٍ ﴿٢١﴾ وَمَا صَاحِبُكُم بِمَجْنُونٍ ﴿٢٢﴾ وَلَقَدْ رَءَاهُ
بِٱلْأُفُقِ ٱلْمُبِينِ ﴿٢٣﴾ وَمَا هُوَ عَلَى ٱلْغَيْبِ بِضَنِينٍ ﴿٢٤﴾ وَمَا هُوَ بِقَوْلِ
شَيْطَٰنٍ رَّجِيمٍ ﴿٢٥﴾ فَأَيْنَ تَذْهَبُونَ ﴿٢٦﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿٢٧﴾
لِمَن شَآءَ مِنكُمْ أَن يَسْتَقِيمَ ﴿٢٨﴾ وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ
رَبُّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢٩﴾

***ئۇ بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا پەرىشتىلەر تەرىپىدىن) ئىتائەت قىلىنغۇچىدۇر، (ۋەھيىگە) ئىشەنچلىكتۇر① [21]. (ئى مەككە ئەھلى!) سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد) مەجنۇن ئەمەس② [22]. شەكسىزكى، ئۇ جىبرىلنى روشەن ئۇپۇقتا كۆردى③ [23]. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) غەيبكە (يەنى ۋەھيىنى يەتكۈزۈشكە) بېخىل ئەمەستۇر④ [24]. بۇ (قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەس⑤ [25]. (شۇنداق تۇرسا) سىلەر نەگە كېتىپ بارىسىلەر؟⑥ [26] بۇ (قۇرئان) پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (دىن بارىسىدا) توغرا يولدا بولۇشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن پەقەت ۋەز ـ نەسىھەتتۇر [28]. پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىغان چاغدىلا، سىلەر (شۇ يولنى تۇتۇشنى) خالايسىلەر⑦ [29].***

① يەنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەر بويسۇنىدىغان بىر پەرىشتىدۇر. ھەممە پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدۇ. ئۇ ۋەھىينى يەتكۈزۈشتە ھەم ئىشەنچلىكتۇر.

② بۇ مەككە ئەھلىگە قارىتىلغان خىتاب بولۇپ، ﴿ھەمراھىڭلار﴾ دېگەن-رەسۇلۇللاھنى (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم) كۆرسىتىدۇ. يەنى سىلەر بىلەن بىر نەسەب ھەم يۇرتداش بولغان ھەمراھىڭلار مۇھەممەدنى مەجنۇن دەپ ئويلايلىسىلەر (بۇنداق دېيىشتىن ئاللاھ پاناھلىق بەرسۇن)، ئۇ سىلەر ئويلىغاندەك مەجنۇن ئەمەس. سىلەر قۇرئاننى بىر ئوقۇپ بېقىڭلاركى، مەجنۇن ئادەم مۇشۇنداق ھەقىقەت ۋە مەرىپەتلەرنى بايان قىلالامدۇ؟ مۇشۇ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ ئەھۋالىنى توغرا ھەم شۇنداق ئېنىق دەپ بېرەلەمدۇ؟

③ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ياراتقان شەكىلدە ئىككى قېتىم كۆردى. بۇ سۈرىدە ئۇنى بىرىنچى قېتىم پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا كۆرگەنلىكى بايان قىلىندى. ئۇ چاغدا ئۇنى 600 قاناتلىق ھالەتتە كۆرگەن ئىدى. ئۇنىڭ قاناتلىرى ئۇپۇقنى يېپىۋالغان يەنى ئاسماننى بىر ئالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئىككىنچى قېتىم مىراجغا چىققاندا كۆردى. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە نەجمدە بايان قىلىندى.

④ بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيتى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇ پەرز قىلىنغان ئەھكام ۋە ئەمر-پەرمانلاردىن ھېچبىرىنى بېخىللىق قىلىپ ئۆزىدە ئېلىپ قالمايدۇ. بەلكى، ئەلچىلىك مەسئۇلىيتىنى ھېس قىلىپ بارلىق ئەھكام ۋە ئەمر-پەرمانلارنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ.

⑤ شەيتانلار ئاسماندىن ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىۋالغان بەزى سۆزلەرنى كاھىنلارغا چالا-پۇلا توشۇپ ئېلىپ كەلگىنىدەك ئەمەستۇر. دېمەك قۇرئان ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

⑥ يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ئىتائەت قىلمايسىلەر؟

⑦ يەنى سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلار ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشىغا

باغلىقتۇر، سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ خالىغىنى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشى بىرلەشمىگىچە، توغرا يول تاپالمايسىلەر. بۇ نۇقتا سۈرە قەسەس 56-ئايەتتە بايان قىلىنغان: ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾ دېگەن مەزمۇن بىلەن ئوخشاشتۇر.

# سۈرە ئىنفىتار

| (٨٢) سورة الانفطار مكية ١٩ آية | (82) سۈرە ئىنفىتار مەككىدە چۈشكەن 19 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنفَطَرَتْ ﴿١﴾ وَإِذَا ٱلْكَوَاكِبُ ٱنتَثَرَتْ ﴿٢﴾ وَإِذَا ٱلْبِحَارُ
فُجِّرَتْ ﴿٣﴾ وَإِذَا ٱلْقُبُورُ بُعْثِرَتْ ﴿٤﴾ عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمَتْ
وَأَخَّرَتْ ﴿٥﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْإِنسَٰنُ مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ ٱلْكَرِيمِ ﴿٦﴾

***ئاسمان يېرىلىپ كەتكەن چاغدا① [1]، يۇلتۇزلار تۆكۈلۈپ كەتكەن چاغدا [2]، دېڭىزلار پارتلاپ چىقىرىلغان چاغدا② [3]، قەبرىلەر (يېرىلىپ) ئاستىن-ئۈستى قىلىنغان (يەنى ئۆلۈكلەر تىرىلدۈرۈلۈپ چىقىرىلغان) چاغدا③ [4]، ھەربىر ئادەم ئىلگىرى قىلغان ۋە كېيىن قالدۇرغان (ياخشى ۋە يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ④ [5]. ئى (كاپىر) ئىنسان! سېنى كەرەملىك رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالداپ قويدى؟⑤ [6]***

① ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن ئاسمان يېرىلىپ كەتكەن، پەرىشتىلەر زېمىنغا چۈشكەن چاغدا.

② يەنى دېڭىزلارنىڭ سۇلىرى پارتلاپ، ئېقىپ چىققاندا، ھەممە

دېڭىزلارنىڭ سۇلىرى بىر دېڭىزغا قويۇلىدۇ. يەنى دېڭىزلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا بىر ئىسسىق شامال ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭدىن دېڭىز سۈيىگە ئوت كېتىدۇ، بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى پەلەككە ئۆرلەيدۇ.

③ يەنى قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر تىرىلدۈرۈلۈپ سىرتقا چىقىرىلغان چاغدا. ﴿بُعۡثِرَتۡ﴾ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىش ياكى ئۆرۈش يەنى ئىچىدىكىنى سىرتقا چىقىرىش دېگەن مەنىدە

④ يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، ئىنسان ئۆزى قىلغان (ياخشى ۋە يامان) ھەممە ئىشلىرىنى بىلىدۇ. ياخشى ئەمەل قىلغان بولسۇن ياكى يامان ئەمەل قىلغان بولسۇن، ھەممىسى ئالدىغا كېلىدۇ. ﴿كېيىن قالدۇرغان ئىشلىرى﴾ دېگەندىن ئۇنىڭ دۇنيادا باشلاپ قويغان ئىشىنىڭ ياخشى ياكى يامان تەسىرى ۋە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ باشلاپ قويغان ئىشلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇ قالدۇرغان ئۈلگىلىك يولغا ئەگىشىپ قىلغان ئەمەللىرىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى ئۈلگە قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۈلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغىمۇ يېتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ يامان ئۈلگە قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قانچىلىك كىشى ئەگەشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ گۇناھىمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ، چۈنكى بۇ يامان ئىش دەسلەپتە ئاشۇ باشلامچىنىڭ سەۋەبىدىن ئومۇملىشىپ قالغان ئەمەسمۇ؟

⑤ يەنى ساڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغان، سېنى يوقتىن بار قىلغان، ساڭا ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلغان ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىڭنى ھازىرلاپ بەرگەن رەببىڭگە كاپىر بولۇشقا سېنى نېمە ئالداپ قويدى؟

ٱلَّذِي خَلَقَكَ فَسَوَّىٰكَ فَعَدَلَكَ ۝٧ فِيٓ أَيِّ صُورَةٖ مَّا شَآءَ رَكَّبَكَ ۝٨
كَلَّا بَلۡ تُكَذِّبُونَ بِٱلدِّينِ ۝٩ وَإِنَّ عَلَيۡكُمۡ لَحَٰفِظِينَ ۝١٠ كِرَامٗا
كَٰتِبِينَ ۝١١ يَعۡلَمُونَ مَا تَفۡعَلُونَ ۝١٢

***ئۇ سېنى ياراتقان①، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم②، قامىتىڭنى تۈز قىلغان③ [7]. سېنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇرغان***

***زاتتۇر④ [8]. ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ كەرەمىگە مەغرۇر بولماڭلار). (ئى كاپىرلار!) بەلكى سىلەر ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر⑤ [9]. ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، (قىلمىشىڭلارنى) يېزىپ تۇرغۇچى ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بار [11 ـ 10]. ئۇلار سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ⑥ [12].***

① يەنى ئۇ سېنى ئەرزىمەس مەنىيدىن ياراتتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ يوق ئىدى.

② يەنى ئۇ سېنى مۇكەممەل ئىنسان قىلىپ ياراتتى، يەنى سېنى ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغان قىلىپ، ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلدى.

③ يەنى سېنى قامەتلىك ۋە چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. يەنە بىر مەنىسى: سېنىڭ ئىككى كۆزۈڭ، ئىككى قۇلىقىڭ، ئىككى قولۇڭ ۋە ئىككى پۇتۇڭنى باراۋەر ۋە تەڭپۇڭ ياراتتى. ئەگەر ئەزالىرىڭ ھازىرقىدەك بىر-بىرىگە ماس ۋە باراۋەر بولمىغان بولسا، كۆرۈمسىز ۋە قولايسىز بولۇپ قالغان بولاتتى. ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق چىرايلىق شەكىلدە يارىتىلغانلىقىنى يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلغان: ﴿بىز ئىنساننى شەك-شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق﴾. (سۈرە تىين 4-ئايەت)

④ ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا بالىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە ئوخشاش يارىتىدۇ. شۇڭا، بالا ئاتىسىغا يا ئانىسىغا، يا ئانا تەرەپ يا دادا تەرەپ ھاما-تاغىلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ قايسى شەكىلدە يارىتىشنى خالىسا، شۇ شەكىلدە يارىتىدۇ، ھەتتا ئۇنى ئەڭ سەت ھايۋانغا ئوخشاش قىلىپمۇ يارىتالايدۇ. لېكىن، ئۇ مەرھەمىتى ۋە مېھرىبانلىقى يۈزىسىدىن ئۇنداق قىلمايدۇ، ئەڭ گۈزەل ئىنسان شەكلىدىلا يارىتىدۇ.

⑤ ﴿كَلَّا﴾ ﴿ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ كەرەمىگە مەغرۇر بولماڭلار)﴾ دېگەن ئىبارە بۇ يەردە ئاللاھنىڭ كەرەمى ۋە مەرھەمىتىگە مەغرۇر بولۇشتىن ۋە ئۇنى كاپىر ۋە ئاسىي بولۇشقا باھانە قىلىۋېلىشتىن چەكلەپ كەلگەن. يەنى ئى كاپىرلار! ئاسىي بولغانلىقىڭلارغا ئاللاھنىڭ كەرەمىگە مەغرۇر بولغانلىقىنى باھانە

قىلىۋېلىشىڭلار توغرا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت شۇكى، سىلەر قەلبىڭلاردا قىيامەت كۈنىنى، ئۇ كۈندە جازا ۋە ھېساب بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر.

⑥ يەنى سىلەر جازا ۋە مۇكاپات كۈنىنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر، لېكىن بىلىشىڭلار كېرەككى، سىلەرنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكىتىڭلار خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تەرەپتىن سىلەرنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەرىشتىلەر قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. بۇ گويا ئىنسانلارغا: ھەر قانداق ئىش ۋە سۆزنى قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىش توغرىمۇ، خاتامۇ؟ ئويلاپ قىلىڭلار دەپ بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. بۇ نۇقتا ئىلگىرى بايان قىلىنغان ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر: ﴿ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ﴾. (سۈرە قاف 17-، 18-ئايەتلەر) يەنى يېزىش ئۈچۈن ھازىر بولۇپ تۇرىدۇ. دېمەك، بىر پەرىشتە ياخشى ئەمەلنى، يەنە بىرى يامان ئەمەلنى يازىدۇ، ھەدىس ۋە رىۋايەتلەردىن مەلۇمكى، كۈندۈزدە ئىككى پەرىشتە، كەچتە باشقا ئىككى پەرىشتە ئالمىشىپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ.

إِنَّ ٱلْأَبْرَارَ لَفِى نَعِيمٍ ﴿١٣﴾ وَإِنَّ ٱلْفُجَّارَ لَفِى جَحِيمٍ ﴿١٤﴾ يَصْلَوْنَهَا
يَوْمَ ٱلدِّينِ ﴿١٥﴾ وَمَا هُمْ عَنْهَا بِغَآئِبِينَ ﴿١٦﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ
ٱلدِّينِ ﴿١٧﴾ ثُمَّ مَآ أَدْرَىٰكَ مَا يَوْمُ ٱلدِّينِ ﴿١٨﴾ يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ
لِّنَفْسٍ شَيْـًٔا ۖ وَٱلْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ ﴿١٩﴾

*شەكسىزكى، ياخشىلار ئەلۋەتتە (جەننەتتىكى راھەت-پاراغەتلىك نېمەتلەر ئىچىدە بولىدۇ [13]، گۇناھكارلار چوقۇم دوزاختا بولىدۇ① [14]. ئۇلار جازا ۋە مۇكاپات كۈنى ئۇنىڭغا كىرىدۇ② [15]. ئۇلار دوزاختىن ھەرگىز غايىپ (يوق) بولۇپ كەتمەيدۇ (يوقالمايدۇ)③ [16]. سەن قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكلىكىنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ [17] قىيامەت كۈنىنىڭ*

***(دەھشەتلىكلىكىنى) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟④ [18] ئۇ ھېچقانداق بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدىغان كۈندۇر، ئۇ كۈندە ھۆكۈم قىلىش تامامەن ئاللاھقا خاستۇر⑤ .[19]***

① يەنە بىر ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك: ﴿بىر پىرقە (كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە (كىشىلەر) دوزاختا بولىدۇ﴾. (سۇرە شۇرا 7-ئايەت)

② يەنى ئۇلار ئۆزلىرى ئىنكار قىلغان مۇكاپات ۋە جازا كۈندە جەھەننەمگە كىرىپ، ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

③ يەنى ئۇلار دوزاختىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن غايىپ بولۇپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ.

④ بۇ سوراق جۈملىنىڭ تەكرار كېلىشى ئۇ كۈننىڭ كاتتىلىقى، قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك بىر كۈن بولىدىغانلىقىنى ئۇچۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

⑤ يەنى ئاللاھ تائالا دۇنيادا ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈن بەزىسىگە ئاز، بەزىسىگە كۆپ ۋاقىتلىق ئىقتىدار ۋە ھوقۇق ئاتا قىلغان، لېكىن قىيامەت كۈنى پۈتۈن ئىقتىدار ۋە ھوقۇق پەقەت ئاللاھنىڭ قولىدىلا بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر ئاللاھقا خاستۇر. پادىشاھلىق بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك ئاللاھقا خاستۇر﴾. (سۇرە غافىر 16-ئايەت) شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن: «مەن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايمەن». (سەھىھ مۇسلىم 205-ھەدىس (يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ جەمەتى بەنى ھاشىم ۋە بەنى ئابدۇلمۇتەللىپنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى ھاشىم جەمەتى! سىلەر ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇڭلار. مەن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن ھېچنەرسىگە ئىگە (دال) بولالمايمەن». (سەھىھۇل بۇخارى 4771-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 204-ھەدىس)

# سۈرە مۇتەففىفىين

| (٨٣) سورة المطففين مكية ٣٦ آية | (83) سۈرە مۇتەففىفىين مەككىدە چۈشكەن 36 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَيۡلٞ لِّلۡمُطَفِّفِينَ ١ ٱلَّذِينَ إِذَا ٱكۡتَالُواْ عَلَى ٱلنَّاسِ يَسۡتَوۡفُونَ ٢ وَإِذَا
كَالُوهُمۡ أَو وَّزَنُوهُمۡ يُخۡسِرُونَ ٣ أَلَا يَظُنُّ أُوْلَٰٓئِكَ أَنَّهُم
مَّبۡعُوثُونَ ٤ لِيَوۡمٍ عَظِيمٖ ٥ يَوۡمَ يَقُومُ ٱلنَّاسُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٦

***(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! (ھالاكەت بولسۇن!) [1] ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا، تولۇق ئالىدۇ [2]. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە بولسا كەم بېرىدۇ① [3]. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ [4 ـ 5]. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ② [6]***

★ بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنى مەككىدە، بەزىلەر مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدا نازىل بولغان دېيىشىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدا،

مەدىنىدىكى كىشىلەر ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادىل ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى چۈشۈردى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادىل بولدى. (سۇنەنى ئىبنى ماجە 2223-ھەدىس)

① يەنى ئېلىم-بېرىمدە ئايرىم-ئايرىم يول تۇتۇش يەنى سېتىۋالغاندا تولۇق ئېلىپ، ساتقاندا كەم بېرىش ۋە زورلۇق بىلەن ئۆلچەمدە كەم بېرىش ئەڭ چوڭ ناھەقچىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاكەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مىزاندا كەم بەرگەن قەۋمگە قەھەتچىلىك، دىشۋارچىلىق ۋە زالىم ھۆكۈمران مۇسەللەت قىلىنىدۇ». (سۇنەنى ئىبنى ماجە 4019، ئالبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 106-ھەدىس)

② بۇ ئۆلچەمدە كەم بەرگۈچىلەر قورقۇنچلۇق بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىدىن قورقمامدۇ؟ ئۇ كۈندە بارلىق ئىنسانلار ھەممە مەخپىيەتلىكنى بىلىدىغان ئالەملەرنىڭ رەببى ئالدىدا تىك تۇرىدۇ. دېمەك بۇنداق قىلمىشنى پەقەت ئاللاھتىن ۋە قىيامەتتىن قورقمايدىغان كىشىلەر قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببى ئالدىدا تىك تۇرغان چاغدا، قۇلاقلىرىغىچە تەرگە چۆمۈپ كېتىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4938-ھەدىس). يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بەندىلەرگە قۇياش بىر نەيزە ياكى ئىككى نەيزە بويى دەرىجىدە يېقىن قىلىنىدۇ. قۇياش ئۇلارنى قىزىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلغان قىلمىشلىرىغا قارىتا تەرگە چۆمىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەر تاپىنىغىچە چىقىدىغانلار، تىزلىرىغىچە چىقىدىغانلار، بېلىگىچە چىقىدىغانلار ۋە ئېغىزلىرىغىچە چىقىدىغانلار بار». (سەھىھ مۇسلىم 2864-ھەدىس)

كَلَّآ إِنَّ كِتَـٰبَ ٱلْفُجَّارِ لَفِى سِجِّينٍ ۞٧ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا سِجِّينٌ ۞٨
كِتَـٰبٌ مَّرْقُومٌ ۞٩ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ۞١٠ ٱلَّذِينَ يُكَذِّبُونَ
بِيَوْمِ ٱلدِّينِ ۞١١ وَمَا يُكَذِّبُ بِهِۦٓ إِلَّا كُلُّ مُعْتَدٍ أَثِيمٍ ۞١٢ إِذَا تُتْلَىٰ
عَلَيْهِ ءَايَـٰتُنَا قَالَ أَسَـٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ۞١٣ كَلَّا ۖ بَلْ ۜ رَانَ عَلَىٰ قُلُوبِهِم
مَّا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ۞١٤

*ھەقىقەت شۇكى، گۇناھكارلارنىڭ نامە - ئەمەلى چوقۇم «سىججىن»دا بولىدۇ① [7]. «سىججىن»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلىسەن؟ [8] ئۇ (گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرى) خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر [9]. قىيامەت كۈنىنى يالغان دېيدىغان ئىنكارچىلارنىڭ بۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي! [11 - 10] ئۇنى پەقەت ھەددىدىن ئاشقان، گۇناھكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ [12]. ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇ: «(بۇ) قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر» دەيدۇ② [13]. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس③، بەلكى ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەنلەردۇر④ [14].*

① ﴿سِجِّينٍ﴾ دېگەندىن بەزى مۇپەسسىرلەر زىندان يەنى زىندانغا ئوخشاش ناھايىتى تار ئورۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇ زېمىننىڭ ئەڭ ئاستىدىكى بىر ئورۇن بولۇپ، ئۇ يەردە كاپىرلار، زالىملار ۋە مۇشرىكلارنىڭ روھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نامە-ئەماللىرى توپلىنىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان جايدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە ﴿ئۇ (يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى) خاتىرىلەنگەن بىر دەپتەردۇر﴾ دەپ كەلتۈرۈلگەن، دەپ قارايدۇ.

② يەنى ئۇلار گۇناھلارغا چۆمۈپ، ھەددىدىن ئېشىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ، تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر، دەيدۇ.

③ يەنى قۇرئان كاپىرلار ئويلىغاندەك ۋە چۈشەنگەندەك قەدىمكىلەردىن قالغان ھېكايە ۋە ئەپسانە ئەمەستۇر. بەلكى، ئۇ ئاللاھنىڭ كالامى ۋە ۋەھيىسى بولۇپ، ئۇنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۆز پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەندۇر.

④ يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، دىللىرى پەردىلەنگەن ۋە قارىيىپ كەتكەن، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمايدۇ. ﴿رَانَ﴾ دېگەن ئارقىمۇئارقا ئۆتكۈزگەن گۇناھلار سەۋەبىدىن دىلنى قاپلىغان قارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بەندە بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ دىلىغا بىر قارا چېكىت چۈشىدۇ. مۇبادا ئۇ گۇناھىغا

تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ دىلىدىن (ئۇ قارا چېكىت) يوقىلىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرىۋەرسە، ئۇنىڭ دىلىغا قويۇلىدىغان چېكىتمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ، ھەتتا دىلى پۈتۈنلەي قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ﴿رَانَ﴾ نىڭ دەل ئۆزىدۇر». (سۈنەنى تىرمىزى **3334**-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە **4244**-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد **2**-توم، **297**-بەت)

**كَلَّآ إِنَّهُمۡ عَن رَّبِّهِمۡ يَوۡمَئِذٖ لَّمَحۡجُوبُونَ ﴿١٥﴾ ثُمَّ إِنَّهُمۡ لَصَالُواْ**
**ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٦﴾ ثُمَّ يُقَالُ هَٰذَا ٱلَّذِي كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿١٧﴾ كَلَّآ إِنَّ**
**كِتَٰبَ ٱلۡأَبۡرَارِ لَفِي عِلِّيِّينَ ﴿١٨﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا عِلِّيُّونَ ﴿١٩﴾ كِتَٰبٞ**
**مَّرۡقُومٞ ﴿٢٠﴾ يَشۡهَدُهُ ٱلۡمُقَرَّبُونَ ﴿٢١﴾ إِنَّ ٱلۡأَبۡرَارَ لَفِي نَعِيمٍ ﴿٢٢﴾ عَلَى**
**ٱلۡأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ﴿٢٣﴾ تَعۡرِفُ فِي وُجُوهِهِمۡ نَضۡرَةَ ٱلنَّعِيمِ ﴿٢٤﴾ يُسۡقَوۡنَ**
**مِن رَّحِيقٖ مَّخۡتُومٍ ﴿٢٥﴾ خِتَٰمُهُۥ مِسۡكٞۚ**

***ھەقىقەتەن شۇكى، ئۇلار ئۇ كۈندە رەببىنى كۆرۈشتىن چوقۇم مەنئى قىلىنغۇچىلاردۇر① [15]. ئاندىن ئۇلار ئەلۋەتتە دوزاخقا كىرگۈچىلەردۇر [16]. ئاندىن (ئۇلارغا): «سىلەر ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتقان (ئازاب) مانا مۇشۇدۇر» دېيىلىدۇ [17]. شەكسىزكى، ياخشىلارنىڭ نامە - ئەمەلى «ئىللىييۇن»دا بولىدۇ② [18]. «ئىللىييۇن»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟ [19] (ئۇ) ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر [20]. ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى گۇۋاھ بولىدۇ [21]. ھەقىقەت شۇكى، ياخشىلار ئەلۋەتتە نېمەت ئىچىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ [22]. ئۇلار تەختلەردە ئولتۇرۇپ (بۇ نېمەتلەرگە) نەزەر سالىدۇ [23]. (ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ) ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن نېمەتنىڭ خۇشاللىق ئىپادىلىرىنى (كۆرۈپ) تونۇيسەن③ [24]. ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ④، ئۇنىڭغا ئىپار مۆھۈرى بېسىلغان بولىدۇ.***

① ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالانى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولىدۇ.

② ﴿عِلِّيِّينَ﴾ " عُلُوٌّ " ئۈستۈن دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ﴿سِجِّينٍ﴾ «زېمىننىڭ ئەڭ ئاستى» دېگەننىڭ ئەكسىدۇر. يەنى بۇ ئاسماندىكى ياكى جەننەتتىكى ياكى سىدرەتۇلمۇنتەھادىكى ياكى ئەرشتىكى بىر جايدۇر. ئۇ يەردە ياخشىلارنىڭ روھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نامە-ئەماللىرى ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا مۇقەررەب پەرىشتىلەر بولىدۇ.

③ دۇنيادىكى شاد-خۇرام كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى نازۇنېمەت ۋە راھەت-پاراغەتتە ياشىغانلىقى ئۈچۈن پاكىز ۋە خۇشال كۆرۈنگەندەك، جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ چىرايلىرىدىكى خۇرسەنلىك، ھۆسن-جامال ۋە نۇردىن ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. جەننەت ئەھلى ئېرىشكەن نازۇنېمەت ۋە ئىززەت-ئىكرامنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ چىرايىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

④ ﴿رَحِيقٍ﴾ دېگەن ساپ، سۈزۈك ۋە ئىش قوشمىغان ئىچىملىكتۇر. ﴿مَخْتُومٍ﴾ «مۆھۈرنىڭ ئىزى» يەنى ئاغزى پېچەتلەنگەن دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆز ئۇ ئىچىملىكنىڭ ساپ ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن كەلگەن. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: «ئارىلاشتۇرۇلغان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ شارابقا ئارىلاشتۇرۇلغان ئېپار ئۇنى ناھايىتى تەملىك ۋە خۇشبۇي قىلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇ شاراپ ئىچكەنلەرگە راھەت بېغىشلايدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: بۇ " خَتْمٌ " ئاخىرى دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى يۇتۇمى ئېپار بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە: بۇ " خِتَامٌ " دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، خۇشبۇي قىلغۇچ دېگەن مەنىدە. يەنى شارابنىڭ پۇرىقى ئېپاردەك خۇشبۇي بولىدۇ. بۇ سۆز ھەدىستىمۇ كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قايسىبىر مۆئمىن ئۇسساپ قالغان بىر مۆئمىننى بىر يۇتۇم سۇ بىلەن سۇغىرىپ قويسا، ئاللاھ تائالا ئۇ مۆئمىننى قىيامەت كۈنى جەننەت شارابلىرىدىن بولغان " الرَّحِيْقُ الْمَخْتُوْمُ " «ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب» بىلەن سۇغىرىدۇ. قايسىبىر مۆئمىن ئاچ قالغان بىر مۆئمىنگە تاماق بەرسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇ مۆئمىنگە جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يېگۈزىدۇ. قايسىبىر مۆئمىن كىيىمسىز قالغان بىر مۆئمىنگە كىيىم كىيگۈزسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يېشىل تونلىرىدىن كىيىم كىيگۈزىدۇ». (سۈنەنى تىرمىزى، 2449-ھەدىس)

وَفِي ذَٰلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ ٱلْمُتَنَٰفِسُونَ ﴿٢٦﴾ وَمِزَاجُهُۥ مِن تَسْنِيمٍ ﴿٢٧﴾
عَيْنًا يَشْرَبُ بِهَا ٱلْمُقَرَّبُونَ ﴿٢٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ أَجْرَمُوا۟ كَانُوا۟ مِنَ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ يَضْحَكُونَ ﴿٢٩﴾ وَإِذَا مَرُّوا۟ بِهِمْ يَتَغَامَزُونَ ﴿٣٠﴾ وَإِذَا ٱنقَلَبُوٓا۟ إِلَىٰٓ
أَهْلِهِمُ ٱنقَلَبُوا۟ فَكِهِينَ ﴿٣١﴾

***(ياخشى ئىشلاردا) بەسلەشمەكچى بولغانلار پەقەت بۇ نېمەتلەرگە (ئېرىشىش ئۈچۈن) بەسلەشسۇن!① [25 ـ 26] ئۇ شارابقا «تەسنىم» سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان بولىدۇ② [27]. «تەسنىم» جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ [28]. كاپىرلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى③ [29]، (مۇئمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى④ [30]، ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۇئمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، قىلمىشلىرىدىن) ھۇزۇرلانغان ھالدا قايتىشاتتى⑤ [31].***

① ئەمەل قىلغۇچىلار ئەنە شۇنداق جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشتا بەسلەشسۇن! ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە ئېيتقاندەك: ﴿ئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق (زور بەختكە ئېرىشىش يولىدا) ئىشلىسۇن﴾. (سۈرە سافات 61 ـ ئايەت)

② ﴿تَسْنِيمٍ﴾نىڭ مەنىسى ئۈستۈن، يۇقىرى دېمەكتۇر. ئەرەبچىدە تۆگىنىڭ لوكىسى ئۇنىڭ جىسمىنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن " سِنَامٌ " دەپ ئاتىلىدۇ. قەبرىنى ئېگىزلىتىشمۇ " تَسْنِيْمُ الْقُبُوْرِ " دېيىلىدۇ. دېمەك شارابقا جەننەتنىڭ ئېگىز جايلىرىدىكى بىر بۇلاقتىن ئېقىپ كەلگەن تەسنىم سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغاندۇر. بۇ جەننەتتىكى ئەڭ ئېسىل شارابتۇر.

③ يەنى كاپىرلار مۇئمىنلەرنى تۆۋەن كۆرۈپ مەسخىرە قىلاتتى ۋە كۈلۈپ، مازاق قىلاتتى.

④ "غَمْزٌ"نىڭ مەنىسى قاش ئاتماق، كۆز قىسماق، كۆز ئىشارىتى دېمەكتۇر. يەنى كاپىرلار بىر-بىرىگە كۆزلىرىنى قىسىشىپ، مۇئمىنلەرنى

كەمسىتەتتى ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلىشاتتى.

⑤ يەنى كاپىرلار مۇئمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بىلەن خۇشاللىق ھېس قىلاتتى. يەنە بىر مەنىسى، كاپىرلار ئۆيلىرىگە قايتقاندا ئۇلارنى راھەت-پاراغەت كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇلار نېمىنى خالىسا، شۇنىڭغا ئېرىشەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلماستىن، مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەسەت قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلاتتى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

وَإِذَا رَأَوْهُمْ قَالُوٓا۟ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَضَآلُّونَ ﴿٣٢﴾ وَمَآ أُرْسِلُوا۟ عَلَيْهِمْ
حَٰفِظِينَ ﴿٣٣﴾ فَٱلْيَوْمَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنَ ٱلْكُفَّارِ يَضْحَكُونَ ﴿٣٤﴾ عَلَى
ٱلْأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ﴿٣٥﴾ هَلْ ثُوِّبَ ٱلْكُفَّارُ مَا كَانُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾

***ئۇلار مۇئمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئازغۇنلاردۇر» دېيىشەتتى① [32]. ھالبۇكى، ئۇلار مۇئمىنلەرنى كۈزىتىشكە ئەۋەتىلمىگەن② [33]. بۈگۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ (دوزاختىكى) ھالىغا كۈلىشىدۇ③ [34]، (ئۇلار) تەختلەر ئۈستىدە (ئولتۇرۇپ كاپىرلارنىڭ ھالىغا) قارايدۇ [35]. كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلدىمۇ؟ (ئەلۋەتتە بېرىلدى)④ [36]***

① مۇشرىكلار تەۋھىدچىلەرنى، كاپىرلار مۇئمىنلەرنى ئازغۇن-گۇمراھلار دەپ قارايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت. گۇمراھلار ئۆزلىرىنى ھەق ئۈستىدە قىلىپ كۆرسىتىپ، ھەق ئۈستىدىكىلەرنى گۇمراھ قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ھەتتا بىر ئازغۇن پىرقە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى مۇئمىن دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەت قىلسۇن.

② يەنى ئۇ كاپىرلار مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۈزىتىشكە ئەۋەتىلگەن ئەمەس. ئۇلار بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلمىغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن مۇئمىنلەرگە كۆزەتچىلىك قىلىدۇ؟

③ يەنى كاپىرلار دۇنيادا مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەندەك، قىيامەت كۈنى كاپىرلار ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندا، مۇئمىنلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ. دېمەك مۇئمىنلەر: بۇ كاپىرلار ئۆزلىرى گۇمراھ تۇرۇپ، بىزلەرنى گۇمراھ دەپ كۈلەتتى، بۈگۈن ئۇلارغا كىمنىڭ گۇمراھ ئىكەنلىكى ۋە كىمنىڭ مەسخىرە قىلىنىشقا لايىق ئىكەنلىكى ئايان بولدى، دەپ كۈلىدۇ.

④ ﴿ثُوِّبَ﴾ " أُثِيْبَ " بەدىلى، ساۋابى ياكى جازاسى بېرىلدى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ياخشىلىق ئۇچۇنمۇ ھەم يامانلىق ئۇچۇنمۇ قوللىنىلىدۇ. دېمەك كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى تولۇق بېرىلدى.

# سۈرە ئىنشىقاق

| (٨٤) سورة الانشقاق مكية ٢٥ آية | (84) سۈرە ئىنشىقاق مەككىدە چۈشكەن 25 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنشَقَّتۡ ۝١ وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا وَحُقَّتۡ ۝٢

***ئاسمان يېرىلغان① [1]، رەببىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلغان② ۋە (شۇنداق قىلىشقا) لايىق بولغان چاغدا③ [2]***

① يەنى قىيامەت بولغاندا.

② ئاللاھ ئاسمانغا يېرىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئۇ ئاڭلايدۇ ۋە ئىتائەت قىلىدۇ.

③ يەنى ئۇنىڭغا ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش لايىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ ھەممىدىن غالىبتۇر، ھەممە ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماسلىققا كىمنىڭ ھەددى بولسۇن؟

وَإِذَا ٱلۡأَرۡضُ مُدَّتۡ ۝٣ وَأَلۡقَتۡ مَا فِيهَا وَتَخَلَّتۡ ۝٤ وَأَذِنَتۡ لِرَبِّهَا
وَحُقَّتۡ ۝٥ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡإِنسَٰنُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَىٰ رَبِّكَ كَدۡحٗا فَمُلَٰقِيهِ ۝٦

فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ ٧ فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا
يَسِيرًا ٨

*زېمىن (تارتىلىپ) سوزۇلغان① [3]، قويندىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۆلۈكلەرنى، مەدەنلەرنى) سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان② [4]، رەببىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان③ ۋە (شۇنداق قىلىشقا) لايىق بولغان چاغدا (ھەربىر ئادەم ئۆز ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ) [5]. ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغانغا قەدەر جاپالىق ئىشلەيسەن، (ئاندىن ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن)④ [6]. نامە ـ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ⑤ [7 ـ 8].*

① يەنى زېمىن ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا تېخىمۇ كېڭەيتىلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاغلار ۋە باشقا نەرسىلەر پارچىلىنىپ، زەررە-زەررە قىلىنىدۇ، زېمىن يۈزى كەڭ تۈزلەڭلىك قىلىنىپ يېيىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئېگىز-پەس جاي قالمايدۇ.

② يەنى زېمىنغا دەپنە قىلىنغان ئۆلۈكلەر تىرىلىپ سىرتقا چىقىدۇ. زېمىن ئاستىدىكى بايلىق ۋە مەدەنلەرنى زاھىر قىلىدۇ. زېمىن ئىچىدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىلىپ قالىدۇ.

③ يەنى زېمىن ئىچىدىكىنى سىرتقا چىقىرىش ۋە ئىچىنى بوشۇتۇشقا بۇيرۇلغاندا، ئۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىدۇ.

④ بۇ يەردىكى «ئىنسان» تۈرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، مۇئمىن ۋە كاپىر ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ﴿كَدۡحًا﴾ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، جاپالىق ئىشلەش دېگەن مەنىدە. مەيلى ئۇ تىرىشچانلىق ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بولغان بولسۇن ياكى يامان ئىشلار ئۈچۈن بولغان بولسۇن. مەزكۇر ئىشلار زاھىر بولغاندا، قىيامەت كېلىدۇ. شۇ چاغدا، ئى ئىنسان! سەن مەيلى ياخشى ياكى يامان، قانداق ئەمەل قىلغان بولساڭ، شۇ ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ساڭا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنىدۇ.

⑤ ئاسان ھېساب شۇكى، مۇئمىنگە نامە-ئەمەلى كۆرسىتىلىدۇ، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى-كەرىمى بىلەن ئۇنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمدىن (قىلمىشلىرىدىن) بىر - بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ» دېدى. مەن: ئاللاھ تائالا: «نامە - ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ» دېمىدىمۇ؟ دېدىم. (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇئمىندىن ئەلۋەتتە ھېساپ ئېلىنىدۇ، لېكىن ئازابقا لايىق بولمايدۇ دەپ چۈشەنگەن ئىدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوچۇقلاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «(ئاللاھ تائالا ئايەتتە بايان قىلغان) ھېساب مۇئمىنگە نامە-ئەمەلىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت (مۇئمىندىن قاتتىق ھېساب ئېلىنمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا نامە-ئەمەلى كۆرسىتىلىدۇ) كىمدىن قىيامەت كۈنى بىر - بىرلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4939-ھەدىس). يەنە بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى نامازلىرىدا بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «ئى ئاللاھ، ھېسابىمنى ئاسان قىلغىن»، مەن نامازدىن كېيىن «ئاسان ھېساب»نىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ نامە-ئەمەلىغا قارايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ» دېدى. (مۇسنەدى ئەھمەد، 6-توم، 48-بەت)

وَيَنقَلِبُ إِلَىٰٓ أَهۡلِهِۦ مَسۡرُورٗا ٩ وَأَمَّا مَنۡ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ وَرَآءَ
ظَهۡرِهِۦ ١٠ فَسَوۡفَ يَدۡعُواْ ثُبُورٗا ١١ وَيَصۡلَىٰ سَعِيرًا ١٢ إِنَّهُۥ كَانَ فِيٓ
أَهۡلِهِۦ مَسۡرُورًا ١٣ إِنَّهُۥ ظَنَّ أَن لَّن يَحُورَ ١٤ بَلَىٰٓۚ إِنَّ رَبَّهُۥ كَانَ
بِهِۦ بَصِيرٗا ١٥ فَلَآ أُقۡسِمُ بِٱلشَّفَقِ ١٦

*(ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال - خۇرام قايتىدۇ① [9]. نامە - ئەمەلى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ «ۋاي ئۆلەي!» دەپ ۋارقىرايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ)② ۋە*

***لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ [12 ـ 10]. چۈنكى ئۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) ئائىلىسىدە شاد ـ خۇرام ئىدى③ [13]. ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ ئويلايتتى④ [14]. ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس (يەنى ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ)⑤. رەببى ھەقىقەتەن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى⑥ [15]. (كەچكى) شەپەق بىلەن⑦ ،***

① يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىغا قايتىدۇ ياكى ئائىلىسى دېگەندىن جەننەتكە كىرگەنلەرگە بېرىلىدىغان ھۆرلەر ۋە غىلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② ﴿ثُبُوْرًا﴾ ئۆلۈم، زىيان، ھالاكەت دېمەكتۇر. يەنى ئۇ ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۆزىگە ئۆلۈمنى چاقىرىدۇ. مەن ئۆلەي، مەن ھالاك بولۇپ كېتەي! دەپ نالە-زار قىلىدۇ.

③ يەنى دۇنيادا ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن شاد-خۇرام ۋە ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن ناھايىتى خۇشال ئىدى.

④ بۇ يەردە ئاشۇ شاد-خۇراملىقنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنىۋاتىدۇ. يەنى ئۇ ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمەيتتى. "حَوْرٌ"نىڭ مەنىسى قايتىش بولۇپ، بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدا كەلگەن: " اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أَعُوْذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السَّفَرِ وَكَآبَةِ الْمَنْظَرِ وَسُوْءِ الْمُنْقَلَبِ، وَمِنَ الْحَوْرِ بَعْدَ الْكَوْرِ" «ئى ئاللاھ، مەن ساڭا سېغىنىپ، ئىماندىن كېيىن كۇفرىغا، ئىتائەتتىن كېيىن گۇناھقا ياكى ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىققا قايتىشتىن پاناھ تىلەيمەن». (سەھىھ مۇسلىم 1343-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 3439-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 3888-ھەدىس).

⑤ بۇ ئايەتنىڭ مۇنداق تەرجىمىسىمۇ بار، ئۇ تىرىلىپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ.

⑥ يەنى ئاللاھقا ئۇنىڭ ھېچبىر ئەمەلى مەخپىي ئەمەس ئىدى.

⑦ ﴿الشَّفَقِ﴾ كۈن پاتقاندىن كېيىن ئۇپۇقتا پەيدا بولىدىغان قىزىللىق بولۇپ، خۇپتەن ۋاقتى بولغىچە تۇرىدۇ.

وَٱلَّيۡلِ وَمَا وَسَقَ ﴿١٧﴾ وَٱلۡقَمَرِ إِذَا ٱتَّسَقَ ﴿١٨﴾ لَتَرۡكَبُنَّ طَبَقًا عَن
طَبَقٖ ﴿١٩﴾ فَمَا لَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٠﴾ وَإِذَا قُرِئَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقُرۡءَانُ لَا
يَسۡجُدُونَۤ ۩ ﴿٢١﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُكَذِّبُونَ ﴿٢٢﴾ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا
يُوعُونَ ﴿٢٣﴾ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢٤﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونِۭ ﴿٢٥﴾

***كېچە ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان نەرسىلەر بىلەن①، نۇرى كامالەتكە يەتكەن ئاي (يەنى تولۇن ئاي) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى② [16 ـ 18] سىلەر ئەلۋەتتە بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا (بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا) يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر③ [19]. (ھەقىقەت ئوپئوچۇق تۇرسا) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟ [20] ئۆزلىرىگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىلگەن چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟④ [21] بەلكى كاپىر بولغانلار (قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدۇ⑤ [22]. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ⑥ [23]. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن [24]. ئەمما ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۈزۈلمەس مۇكاپات بار [25].***

① قاراڭغۇ چۈشكەندە ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ تۇرار جايى ۋە ماكانىغا قايتىدۇ. يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ھەر نەرسىنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ.

② ﴿إِذَا اتَّسَقَ﴾نىڭ مەنىسى تولۇپ كامالەتكە يەتكەن تولۇن ئاي دېمەكتۇر. ئۇنىڭ تولۇن ھالىتى 13-كېچىدىن 16-كېچىگىچە بىر خىل تۇرىدۇ.

③ بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. ﴿طَبَقٍ﴾نىڭ ئەسلىي مەنىسى شىددەت، قاتتىق دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە قىيامەت كۈنى بولىدىغان قاتتىق كۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئۇ كۈندە مەھشەرگاھتىكى ھېساب-كىتابنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دوزاخ ياكى جەننەتكە كىرگىچە بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ، تۈرلۈك ئەھۋاللارغا دۇچار بولۇپ تۇرىسىلەر.

④ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملارنىڭ بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن سەجدە قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

⑤ يەنى كاپىرلار قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئىنكار قىلىدۇ.

⑥ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلغانلىقىنى بىلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى بىلىدۇ.

# سۈرە بۇرۇج

| (٨٥) سورة البروج مكية ٢٢ آية | (85) سۈرە بۇرۇج مەككىدە چۈشكەن 22 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلْبُرُوجِ ﴿١﴾ وَٱلْيَوْمِ ٱلْمَوْعُودِ ﴿٢﴾ وَشَاهِدٍ وَمَشْهُودٍ ﴿٣﴾
قُتِلَ أَصْحَٰبُ ٱلْأُخْدُودِ ﴿٤﴾ ٱلنَّارِ ذَاتِ ٱلْوَقُودِ ﴿٥﴾ إِذْ هُمْ عَلَيْهَا
قُعُودٌ ﴿٦﴾ وَهُمْ عَلَىٰ مَا يَفْعَلُونَ بِٱلْمُؤْمِنِينَ شُهُودٌ ﴿٧﴾ وَمَا نَقَمُوا۟
مِنْهُمْ إِلَّآ أَن يُؤْمِنُوا۟ بِٱللَّهِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَمِيدِ ﴿٨﴾ ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ ﴿٩﴾

***بۇرجلار (ئوربىتىلار) ئورۇن ئالغان ئاسمان بىلەن①، ۋەدە قىلىنغان كۈن بىلەن②، ھازىر بولغۇچى ۋە ھازىر قىلىنغۇچى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى③ [1 ـ 3]، لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان④ ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرى ھالاك قىلىندى⑤ [4 ـ 5]. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەرنىڭ لېۋىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى⑥ [6 ـ 7]، (ئۇ زالىملار) مۇئمىنلەردىن پەقەت ئۇلارنىڭ غالىب، مەدھىيەگە لايىق، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۆچ ئالغان ئىدى⑦. ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [8 ـ 9].***

★پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىدا سۈرە تارىق ۋە سۈرە بۇرۇجنى ئوقۇيتتى. (جامى تىرمىزى 307-ھەدىس)

① ﴿الْبُرُوجِ﴾ مەنزىل "بُرْجٌ"نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى زاھىر بولۇش ۋە ئاشكارا بولۇش دېمەكتۇر. بۇرجلار يۇلتۇزلارنىڭ مەنزىللىرى بولۇپ، يۇلتۇزلارنىڭ قەسرى، بېكىتى ۋە قارارگاھى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇرجلار زاھىر بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ﴿الْبُرُوجِ﴾ دەپ ئاتالغان. (تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە فۇرقان 61-ئايەتنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن). بەزى مۇپەسسىرلەر بۇرجلارنى يۇلتۇزلار دەپ قاراپ، يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىلەن قەسەم دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بەزىلەر: ئۇنىڭدىن ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ياكى ئاينىڭ مەنزىللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ قارايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ يەردىكى ۋەدە قىلىنغان كۈندىن قىيامەت كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا مۇپەسسىرلەر بىرلىككە كەلگەن.

③ ﴿شَاهِدٍ وَّ مَشْهُوْدٍ﴾نىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار: ئىمام شەۋكانى ھەدىس ۋە باشقا ئەسەرلەرگە ئاساسەن مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَاهِدٍ﴾ ھازىر بولغۇچى، گۇۋاھ بولغۇچى دېگەندە جۈمە كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىمكى ئۇ كۈندە قانداق ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇ ئەمەل قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ﴿مَشْهُوْدٍ﴾ ھازىر قىلىنغۇچى دېگەندە زۇلھەججىنىڭ9 -كۈنى يەنى ئەرەپات (ھارپا) كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ كۈندە ھاجىلار ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەپات دېگەن جايغا ھازىر بولىدۇ ۋە شۇنىڭ دائىرىسى ئىچىدە جەم بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئىككى سۆزنى شاھىت، گۇۋاھ بولغۇچى ۋە گۇۋاھ قىلىنغۇچى دەپمۇ تەپسىر قىلىدۇ.

④ ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە ﴿النَّارِ﴾ «ئوت» دېگەن ئىزاھلىغۇچى سۆز بولۇپ، ﴿الْأُخْدُوْدِ﴾ «ئورەكلەر»نى ئىزاھلاپ كەلگەن. ﴿ذَاتِ الْوَقُوْدِ﴾ «لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان» دېگەن ئىبارە ﴿النَّارِ﴾ «ئوت»نىڭ سۈپىتىدۇر. يەنى ئۇ قانداق ئورەكلەر ئىدى؟ ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت بىلەن توشقۇزۇلغان ئورەكلەر بولۇپ، ئىمان ئېيتقانلارنى تاشلاش ئۈچۈن كولانغان ئىدى.

⑤ يەنى ئورەكلەرنى كولاپ ئۇنىڭدا رەببىگە بويسۇنغانلارنى ئۆلتۈرگەنلەر ھالاك قىلىندى. يەنە بىر مەنىسى: ئۇلارغا ھالاكەت

بولسۇن. ﴿قُتِلَ﴾ بۇ يەردە " لُعِنَ " لەنەت مەنىسىدە كەلگەن دەپ ئالغاندا، ئورەكلەر ئىگىلىرىگە لەنەت قىلىندى، يەنە بىر مەنىسى: ئۇلارغا لەنەت بولسۇن، دېگەن بولىدۇ.

⑥ يەنى كاپىر پادىشاھ ياكى ئۇنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرى ئورەكلەرنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ كۆيۈۋاتقان ھالىتىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى.

⑦ يەنى ئوتقا تاشلانغانلارنىڭ گۇناھى پەقەتلا ئۇلارنىڭ غالىپ بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئىدى. بۇ ۋەقە سەھىھ ھەدىسلەردە تەپسىلىي تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ئورەك ئىگىلىرى ۋەقەسى

ئىمام ئەھمەد سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرى بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوردىسىدا بىر كاھىن سېھىرگەر بار ئىدى. ئۇ سېھىرگەر قېرىغاندا پادىشاھقا: مەن قېرىپ قالدىم. ماڭا بىر زېرەك بالىنى شاگىرتلىققا بەرسەڭ، مەن ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىكنى ئۆگەتسەم، دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر بالىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ بالا يولدا كېتىۋېتىپ، بىر راھىبقا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سېھىرگەرنىڭ قېشىغا بارغىچە راھىبنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يوغان (يولۋاس ياكى يىلاندەك) بىر ھايۋان تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇۋاپتۇ. ئۇ بالا كۆڭلىدە: راھىبنىڭ يولى توغرىمۇ ياكى سېھىرگەرنىڭ يولى توغرىمۇ؟ بۇنى بۈگۈن بىلىمەن دەپتۇ - دە، تاشتىن بىرنى ئېلىپ: ئى ئاللاھ! ئەگەر ساڭا راھىبنىڭ ئىشى سېھىرگەرنىڭ ئىشىدىن ياخشى بولسا، مۇشۇ تاش بىلەن ھايۋاننى ئۆلتۈرگىن، كىشىلەرنىڭ يولى راۋان بولسۇن دەپ تاشنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋان ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن راھىبنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. راھىب ئۇ بالىغا: ئى ئوغلۇم! سەن ھازىر كامالەت دەرىجىسىگە يېتىپسەن. سەن ھەقىقەتەن سىناققا دۇچ كېلىسەن. ئەگەر سەن سىنالساڭ، مېنى ئاشكارىلاپ قويمىغىن، دەپتۇ. ئۇ بالا تۇغما قارىغۇ، ئاق كېسەل ۋە باشقا كېسەللەرنىمۇ ئىمان ئېيتىش شەرتى بىلەن داۋالايدىغان بولۇپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ

قارىغۇ بولۇپ قالغان يېقىنلىرىدىن بىرى بۇنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ھەدىيەلەر بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭغا: ئەگەر كۆزۈمنى ساقايتىپ قويساڭ، مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، دەپتۇ. ئۇ بالا: مەن ھەقىقەتەن ھېچبىر كىشىنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ تائالا ساقايتىدۇ، ئەگەر سەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتساڭ، مەن ئاللاھقا دۇئا قىلاي، سېنى ساقايتىپ قويسۇن، دەپتۇ. ئۇ كىشى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپتۇ. ئاللاھ ئۇنى ساقايتىپتۇ. ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: سېنىڭ كۆزۈڭنى كىم ساقايتىپ قويدى؟ دەپتۇ. ئۇ: رەببىم، دەپتۇ. پادىشاھنىڭ (غەزىپى كېلىپ): سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟ دەپتۇ. ئۇ: ئاللاھ سېنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىمدۇر، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى قىيىن - قىستاققا ئالغاندا، ئۇ ئاخىرى بالىنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. ئۇ بالا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: ئى ئوغلۇم! سەن سېھرىڭ بىلەن قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى ساقايتالىغۇدەك دەرىجىگە يېتىپسەن، دەپتۇ. ئۇ بالا: ياق مەن ھېچكىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ ساقايتىدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنىمۇ قىيناپتۇ، ئاخىرى ئۇ بالا راھىبنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. راھىب كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭغا: دىنىڭدىن يان! دەپتۇ. ئۇ ئۇنىماپتۇ. ئاندىن ئۇ بېشى ئوتتۇرىدىن ھەرىدىلىپتۇ. ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئاندىن پادىشاھنىڭ يېقىنىنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغا: دىنىڭدىن يان! دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. ئۇمۇ بېشىنىڭ ئوتتۇرىدىن ھەرىدىلىپتۇ. ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئاندىن ئۇ بالىنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغا: دىنىڭدىن يان! دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىر توپ كىشىگە تاپشۇرۇپ: سىلەر پالانى تاغقا چىقىڭلار، تاغنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، ئەگەر ئۇ دىنىدىن يانسا مەيلى، ئەگەر يانمىسا، ئۇنى تاغدىن تاشلىۋېتىڭلار، دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ ئېگىز بىر تاغقا چىقىپتۇ. ئۇ بالا: ئى ئاللاھ! سەن خالىغان يول بىلەن مېنى ساقلاپ قالغىن، دەپ دۇئا قىپتۇ. شۇ چاغدا تاغ تىترەپتۇ، پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپتۇ. ئۇ بالا: ئاللاھ مېنى ئۇلاردىن ساقلاپ قالدى، دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر توپ كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ: سىلەر ئۇنى ئاپىرىپ كېمىگە سېلىڭلار، كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا، ئەگەر ئۇ دىنىدىن يانسا مەيلى، ئەگەر يانمىسا ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار، دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ دېڭىزنىڭ

ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئۇ بالا: ئى ئاللاھ! سەن خالىغان يول بىلەن مېنى ساقلاپ قالغىن، دەپ دۇئا قىپتۇ. شۇ چاغدا كېمە داۋالغۇپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بالا ئامان قېلىپ، يەنە پادىشاھنىڭ قېشىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپتۇ. ئۇ بالا: ئاللاھ مېنى ئۇلاردىن ساقلاپ قالدى، دەپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھقا: تاكى سەن مەن دېگەن ئىشنى قىلمىغۇچە مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن، دەپتۇ. پادىشاھ: ئۇ نېمە ئىش، دەپتۇ. ئۇ بالا: سەن كىشىلەرنى بىر مەيدانغا يىغىپ، مېنى خورمىنىڭ شېخىغا ئاسقىن، ئاندىن ئوقداندىن ئوقنى ئېلىپ ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ: " بِسْمِ اللهِ رَبِّ الْغُلَامِ " «بالىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن» دەپ تۇرۇپ (ئوقنى) ماڭا ئاتقىن، شۇنداق قىلساڭ، مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن، دەپتۇ. پادىشاھ شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى بىر مەيدانغا يىغىپتۇ. ئۇ بالىنى بىر خورما شېخىغا ئېسىپتۇ. ئاندىن ئوقداندىن ئوقنى ئېلىپ ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ: «بالىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن»، دەپ ئوقنى ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتقىنىچە ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر: بىز بالىنىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق، دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشتىن قاتتىق بىئارام بوپتۇ، ئاندىن پادىشاھ كوچا ئېغىزلىرىغا ئورەك كولاپ ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوت ئۇلغىيىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ: كىم دىنىدىن يانمايدىكەن، ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار! دەپتۇ. ئۇلار ئىمان ئېيتقانلارنى بىر-بىرلەپ ئوتقا تاشلاشقا باشلاپتۇ. ھەتتا بوۋاق بالىسى بار بىر ئايال ئىككىلىنىپ قالغاندا، بوۋاق زۇۋانغا كېلىپ: ئى ئانا! سەۋر قىلغىن، چۈنكى سەن ھەقنىڭ ئۈستىدە» دەپتۇ. (سەھىھ مۇسلىم 3005-ھەدىس)

إِنَّ ٱلَّذِينَ فَتَنُواْ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ ثُمَّ لَمْ يَتُوبُواْ فَلَهُمْ عَذَابُ
جَهَنَّمَ وَلَهُمْ عَذَابُ ٱلْحَرِيقِ ﴿١٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمْ جَنَّٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ
ٱلْكَبِيرُ ﴿١١﴾ إِنَّ بَطْشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ ﴿١٢﴾ إِنَّهُۥ هُوَ يُبْدِئُ وَيُعِيدُ ﴿١٣﴾
وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلْوَدُودُ ﴿١٤﴾ ذُو ٱلْعَرْشِ ٱلْمَجِيدُ ﴿١٥﴾ فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٦﴾

*مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلمىغانلار، شەكسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا كۆيدۈرگۈچى ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ [10]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شەكسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. مانا بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر [11]. شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر① [12]. ئاللاھ (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدىغان، (ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن ھاياتقا) قايتۇرىدىغان (تىرىلدۈرىدىغان) زاتتۇر② [13]. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (ئىمان ئېيتقانلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر [14]، ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ناھايىتى ئۇلۇغدۇر③ [15]، خالىغىنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىدۇر④ [16].*

① يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان دۈشمەنلىرىنى جازالىغان چاغدا، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ.

② يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى بىلەن خالايىقنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولسا، قىيامەت كۈنىمۇ شۇنداق يارىتىدۇ يەنى تىرىلدۈرىدۇ.

③ يەنى ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتتىن كاتتا ۋە ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ پۈتۈن كائىناتنىڭ ئۈستىدە بولغان ئەرشنىڭ ئۈستىدىدۇر. بۇ ساھابىلەر، تابىئىنلەر ۋە ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ ئەقىدىسىدۇر. ﴿الْمَجِيدُ﴾ ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە مەرھەمەتلىك دېگەن مەنىدە. بۇ سۆزنىڭ ئىككى خىل ئوقۇلۇش شەكلى بار بولۇپ، بىرىنچىسىدە پېشلىق ئوقۇلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئۇلۇغدۇر دېگەن بولىدۇ. ئىككىنچىسىدە زىرلىق ئوقۇلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەنىنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرىدۇر. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ يەنى ئاللاھ تائالا نېمىنى خالىسا، ئۇنى قىلماي قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەمرىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ھېچ سوراق سورىغۇچى بولمايدۇ. ئەبۇبەكرى

سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتقا چۈشكەندە كىشىلەر ئۇنىڭ كېسىلىنى سوراپ: سېنى تېۋىپ كۆردىمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ: ھەئە، كۆردى، دەيدۇ. ئۇلار: تېۋىپ نېمە دېدى؟ دەيدۇ. ئەبۇبەكرى: تېۋىپ ماڭا: " إِنِّىْ فَعَّالٌ لِمَا أُرِيْدُ " «مەن ھەقىقەتەن خالىغىنىمنى قىلىمەن» دېدى، دەيدۇ (يەنى ئاللاھ خالىغىنىمنى قىلىمەن دېدى، دېمەكچى) (تەپسىر ئىبنى كەسىر) يەنى ئىش ھازىر تېۋىپلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. مېنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىم كېلىپ بولدى، ئەمدى مېنىڭ تېۋىپىم ئاللاھ ئۆزىدۇر، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كېچىكتۈرۈشكە ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ.

هَلْ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ٱلْجُنُودِ ﴿١٧﴾ فِرْعَوْنَ وَثَمُودَ ﴿١٨﴾ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فِى تَكْذِيبٍ ﴿١٩﴾ وَٱللَّهُ مِن وَرَآئِهِم مُّحِيطٌۢ ﴿٢٠﴾ بَلْ هُوَ قُرْءَانٌ مَّجِيدٌ ﴿٢١﴾ فِى لَوْحٍ مَّحْفُوظٍۭ ﴿٢٢﴾

*(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ـ پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ (ھالاكەت) خەۋىرى كەلدىمۇ؟① [17 ـ 18] بەلكى كاپىرلار (بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماقتا يوق، داۋاملىق ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر [19]. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر② [20]. (ئۇ مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغاندەك شېئىر ياكى سېھىر ئەمەس) بەلكى ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر③ [21 ـ 22].*

① يەنى ئۇلارغا مېنىڭ ئازابىم كەلدى، مەن ئۇلارنى جازالىدىم، ئۇنىڭدىن ھېچكىم قۇتۇلالمىدى ۋە ئۇنى كېچىكتۈرەلمىدى.

② بۇ ئايەت يۇقىرىدىكى ﴿شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴾ دېگەن ئايەتنى كۈچلەندۈرۈپ ۋە تەكىتلەپ كەلگەن.

③ يەنى بۇ قۇرئان لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىقلىق بولۇپ، پەرىشتىلەر بۇيرۇق بويىچە ئۇنى قوغداپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجغا قاراپ نازىل قىلىدۇ.

# سۈرە تارىق

| (٨٦) سورة الطارق مكية ١٧ آية | (86) سۈرە تارىق مەككىدە چۈشكەن 17 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلسَّمَآءِ وَٱلطَّارِقِ ۝١ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا ٱلطَّارِقُ ۝٢ ٱلنَّجْمُ
ٱلثَّاقِبُ ۝٣ إِن كُلُّ نَفْسٍ لَّمَّا عَلَيْهَا حَافِظٌ ۝٤ فَلْيَنظُرِ ٱلْإِنسَٰنُ
مِمَّ خُلِقَ ۝٥ خُلِقَ مِن مَّآءٍ دَافِقٍ ۝٦ يَخْرُجُ مِنۢ بَيْنِ ٱلصُّلْبِ
وَٱلتَّرَآئِبِ ۝٧ إِنَّهُۥ عَلَىٰ رَجْعِهِۦ لَقَادِرٌ ۝٨ يَوْمَ تُبْلَى ٱلسَّرَآئِرُ ۝٩
فَمَا لَهُۥ مِن قُوَّةٍ وَلَا نَاصِرٍ ۝١٠

***ئاسمان بىلەن ۋە تارىق (يەنى كېچىدە چاقنىغۇچى يۇلتۇز) بىلەن قەسەم قىلىمەن [1]. سەن تارىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ [2] ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر① [3]. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە ساقلىغۇچى (كۆزەتچى پەرىشتە) بار② [4]. ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قاراپ باقسۇن [5]. ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىيدىن يارىتىلدى③ [6]. ئۇ مەنىي ئۇمۇرتقا بىلەن كۆكرەك سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ④ [7]. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇنى (ئۆلگىنىدىن كېيىن ھاياتقا) قايتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر⑤ [8]. سىرلار ئاشكارىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)⑥ [9]، ئۇ ئىنسانغا***

***(ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق كۈچ ۋە ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ⑦ [10].***

★ خالىد ئەدۋانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەقىف بازىرىدا ياچاققا ياكى ھاسىغا تايىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا ياردەم سوراپ كەلگەن ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۈرە تالاقنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ يادلىۋالدىم، ئۇ چاغدا مەن مۇسۇلمان بولمىغان ئىدىم. كېيىن ئاللاھ مېنى ئىسلامغا كىرىشكە مۇشەررەپ قىلدى. مەن مۇسۇلمان بولغان ھالدا ئۇ سۈرىنى ئوقۇدۇم. (مۇسنەدى ئەھمەد 4-توم، 335-بەت، مەجمەئۇززەۋائىد 7-توم، 287-بەت) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: بىر قېتىم مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەندە (نامازغا) سۈرە بەقەرەنى ئوقۇغان. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇنىڭغا: «ئى مۇئاز! سەن كىشىلەرنى پىتنىگە سالاي دەمسەن؟ (كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندە) تارىق، شەمس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش (قىسقا) سۈرىلەرنى ئوقۇپ بەرسەڭ بولماسمىدى؟» دېگەن. (سۇنەنى نەسائى 835-ھەدىس)

① ﴿الطَّارِقِ﴾ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇنى قۇرئان كەرىم ئۆزى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ نۇرلۇق يۇلتۇزنى كۆرسىتىدۇ. " طَارِقٌ " دېگەن سۆز ئەسلىدە " طُرُوْقٌ " دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، لۇغەتتىكى مەنىسى ئىشىك قاققۇچى دېمەكتۇر، لېكىن " طَارِقٌ " كېچىدە كەلگۈچى دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ يۇلتۇزلارنى " طَارِقٌ " دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەب يۇلتۇزلارنىڭ كۈندۈزدە غايىپ بولۇپ، كېچىدە زاھىر بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

② يەنى ھەربىر جان ئىگىسى ئۈچۈن، ئاللاھ تەرەپتىن بەلگىلەنگەن پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى ئىنسانلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. سۈرە رەئدنىڭ 11-ئايىتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنساننىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان پەرىشتىلەر بولىدۇ، شۇنىڭدەك سۈرە ئىنفىتارنىڭ 11-ئايىتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنساننىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى يازىدىغان

پەرىشتىلەرمۇ بولىدۇ.

③ يەنى شەھۋەتتىن كېيىن ئېتىلىپ چىققان مەنىيدىن يارىتىلدى. مۇشۇ بىر تامچە سۇ (مەنىي)، ئەگەر ئاللاھ بۇيرۇغان بولسا، ئايالنىڭ رەھىمىگە كىرىپ ھامىلدار بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

④ ئەرنىڭ ئۇمۇرتقىسىدىن ۋە ئايالنىڭ كۆكرەك سۆڭىكى ئارىسىدىن چىققان سۇدىن يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ سۈيىدىن ئىنسان يارىتىلىدۇ، لېكىن بۇ يەردە بىر سۇدىن دېيىشتىكى سەۋەب، ئىككىسىنىڭ سۇلىرى بىرلىشىپ بىر تامچە سۇ بولۇپ قالىدۇ. ﴿التَّرَآئِبِ﴾ " تَرِيْبَةٌ "نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، كۆكرەكنىڭ سۆڭىكى (زۇننار تاقايدىغان جاي) دېگەن مەنىدە.

⑤ يەنى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ئاللاھ ئاشۇ بىر تامچە سۇنى ئىلگىرى چىققان جايىغا قايتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، دېگەن بولىدۇ. ئەمما ئاۋۋالقى تەپسىرنى ئىمام شەۋكانى ۋە ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى ئەڭ توغرا دەپ كۆرسەتكەن.

⑥ يەنى ئۇ كۈندە بارلىق مەخپىي ئىشلار ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىشلارنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسى بېرىلىدۇ. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(قىيامەت كۈنى) ھەربىر خىيانەتچىنىڭ ساغرىسىغا بىر بايراق قادىلىپ: مانا بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ خىيانىتى، دېيىلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 3188-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 1736-ھەدىس) دېمەك قىيامەتتە ھېچكىمنىڭ ھېچبىر ئىشى مەخپىي قالمايدۇ.

⑦ يەنى ئىنساندا ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغىدەك كۈچ بولمايدۇ، نە باشقا بىرسى ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەمچىمۇ بولالمايدۇ.

وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلرَّجۡعِ ﴿١١﴾ وَٱلۡأَرۡضِ ذَاتِ ٱلصَّدۡعِ ﴿١٢﴾ إِنَّهُۥ لَقَوۡلٞ
فَصۡلٞ ﴿١٣﴾ وَمَا هُوَ بِٱلۡهَزۡلِ ﴿١٤﴾ إِنَّهُمۡ يَكِيدُونَ كَيۡدٗا ﴿١٥﴾ وَأَكِيدُ

كَيۡدٗا ﴿١٦﴾ فَمَهِّلِ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَمۡهِلۡهُمۡ رُوَيۡدَۢا ﴿١٧﴾

***(تەكرار ـ تەكرار) يامغۇر ياغدۇرىدىغان ئاسمان (يەنى بۇلۇت) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [11]، يېرىلىدىغان زېمىن بىلەن قەسەم قىلىمەنكى② [12]، ئەلۋەتتە بۇ (قۇرئان) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى سۆزدۇر③ [13]، ئۇ چاقچاق ئەمەس④ [14]. شەكسىزكى، ئۇ كاپىرلار (قۇرئانغا قارشى) ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ تۇرىدۇ⑤ [15]. مەن ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بەربات قىلىپ تۇرىمەن⑥ [16]. (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلار (نىڭ ھالاك بولۇشى) ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمىگىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن (ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا قانداق قىلغانلىقىمنى كۆرىسەن)⑦ [17].***

① يەنى يامغۇرلۇق ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى. ﴿الرَّجۡعِ﴾نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى قايتىش، ئايلىنىپ قايتىپ كېلىش دېمەكتۇر، يامغۇرمۇ قايتا ـ قايتا، ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يامغۇر ﴿الرَّجۡعِ﴾ دەپ ئاتالغان. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئۇنىڭ مەنىسى بۇلۇت دېمەكتۇر، چۈنكى بۇلۇت سۇنى دېڭىزدىن ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنى يەنە زېمىنغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يامغۇر ﴿الرَّجۡعِ﴾ دەپ ئاتالغان دەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن يامغۇر «بۇلۇت» دەپ ئاتالغان. يەنە بەزىلەر: ئەرەبلەر يامغۇرنىڭ قايتا ـ قايتا يېغىپ تۇرۇشىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراش يۈزىسىدىن ئۇنى ﴿الرَّجۡعِ﴾ دەپ ئاتىغان، دەپ قارايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② يەنى زېمىن يېرىلسا، ئۇنىڭدىن ئۆسۈملۈكلەر ئۈنىدۇ، زېمىن يېرىلسا، بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭدەك بىر كۈن كېلىدۇ، ئۇ كۈندە زېمىن يېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن بارلىق ئۆلۈكلەر تىرىلىپ سىرتقا چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «يېرىلىدىغان زېمىن» دەپ ئاتالدى.

③ بۇ يۇقىرىدىكى قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. يەنى بۇ قۇرئان ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ، ھەر ئىككىسىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگۈچىدۇر. شۇنىڭ بىلەن ھەق بىلەن باتىل ھەممىگە ئايان بولىدۇ.

④ يەنى ئۇ ئويۇنشىدىغان ۋە مازاق قىلىدىغان نەرسە ئەمەس. ﴿الۡهَزۡلِ﴾ يەنى ھەزىل جىددىيلىككە زىتتۇر، ئويۇن ـ چاقچاق ئىرادە ـ مەقسەتكە زىتتۇر. دېمەك بۇ مەنىلىرى، مۇراد ـ مەقسەتلىرى ئېنىق بىر كىتابتۇر.

ئويۇن-چاقچاققا ئوخشاش مەقسەتسىز ئەمەستۇر.

⑤ يەنى كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىدۇ ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئالداپ، كۆز بوياMچىلىق قىلىدۇ، دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنىڭ دەل ئەكسىنى تىللىرى بىلەن سۆزلەيدۇ.

⑥ يەنى مەن ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە نەيرەڭلىرىدىن غاپىل ئەمەسمەن. مەنمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلىپ تۇرىمەن. " كَيْدٌ " مەخپىي پىلان-تەدبىر تۈزۈش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ياخشى مەقسەت ئۈچۈن تۈزۈلسە ياخشى، يامان مەقسەتتە تۈزۈلسە يامان تەدبىر دەپ ئاتىلىدۇ.

⑦ يەنى ئۇلارغا تېزراق ئازاب چۈشۈشىنى تىلىمىگىن، بەلكى ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن. ﴿رُوَيْدًا﴾ ئازراق ياكى يېقىندا، بىر ئاز مۇددەت دېگەن مەنىدە. بۇ مۆھلەت بېرىش ۋە تەدرىجىي ئالدىرىماي جازالاش ئاللاھنىڭ كاپىرلارغا قارىتا تۈزگەن تەدبىرىنىڭ بىر شەكلىدۇر. بۇ ئۇقۇمنى بۇ ئايەتتىن كۈرۈۋالغىلى بولىدۇ: ﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴾. (سۈرە ئەئراف 182-، 183-ئايەتلەر)

# سۈرە ئەئلا

| | |
|---|---|
| (٨٧) سورة الاعلى مكية ١٩ آية | (87) سۈرە ئەئلا مەككىدە چۈشكەن 19 ئايەت |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سَبِّحِ ٱسْمَ رَبِّكَ ٱلْأَعْلَى ① ٱلَّذِى خَلَقَ فَسَوَّىٰ ② وَٱلَّذِى قَدَّرَ
فَهَدَىٰ ③ وَٱلَّذِىٓ أَخْرَجَ ٱلْمَرْعَىٰ ④ فَجَعَلَهُۥ غُثَآءً أَحْوَىٰ ⑤
سَنُقْرِئُكَ فَلَا تَنسَىٰٓ ⑥ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ

***ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىڭنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن① [1]. ئۇ (بارچە مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى② [2]. ئۇلارنىڭ (ھەممە ئىشلىرىنى) تەقدىر قىلدى (ئۆلچەملىك شەكىلدە ئورۇنلاشتۇردى) ۋە ئۇلارنى (پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىدى③ [3]. (زېمىندىن) ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بەردى④ [4]. ئاندىن ئۇلارنى قارامتۇل قۇپقۇرۇق ئوت ـ خەسكە ئايلاندۇردى⑤ [5]. (ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنتۇمايسەن [6]. ئاللاھ خالىغان نەرسە مۇستەسنا⑥.***

★رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ئەئلا ۋە سۈرە

غاشىيەنى ئىككى ھېيت ۋە جۈمە نامىزىدا ئوقۇيتتى. شۇنىڭدەك يەنە ۋىتىر نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە سۈرە ئەئلا، ئىككىنچى رەكئىتىدە سۈرە كافىرۇن ۋە ئۈچىنچى رەكئىتىدە سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەۋسىيە قىلغان سۈرىلەرنىڭ ئىچىدە مۇشۇ سۈرىمۇ بار ئىدى. (سۈنەنى نەسائى 985-ھەدىس)

① يەنى رەببىڭ ئىلاھلىق سۈپىتىگە لايىق بولمىغان ھەر قانداق نەرسىدىن پاكتۇر، ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە ئەئلانىڭ بېشىدىكى ﴿ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىڭنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن﴾ دېگەن بۇيرۇقنى ئوقۇغاندا: " سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى " «ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىمنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن» دەيتتى. (مۇسنەدى ئەھمەد 1-توم، 231-بەت، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 883-ھەدىس)

② يەنى ئاللاھ ئىنساننىڭ ئەزالىرىنى بىجىرىم، قامەتلىك ۋە چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇنى ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغان قىلدى.

③ يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ يولىنى بىلدۈردى ۋە ھاياتلىقتا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىڭ يولىنى كۆرسەتتى، ھەتتا ھايۋانلارغا يول كۆرسەتتى ۋە يېتەكلىدى. دېمەك، ئاللاھ تائالا شەيئىلەرنىڭ جىنسى، تۈرى، سۈپىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆلچەملىك يارىتىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يولىنى ئىنسانغا بىلدۈردى.

④ ئۇنىڭدىن ھايۋانلارمۇ ئوزۇقلىنىدۇ.

⑤ ئوت-چۆپ قۇرۇپ قالسا ﴿غُثَآءً﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. ﴿اَحْوٰى﴾ دېگەن قارا قىلىۋەتتى دېگەن مەنىدە. يەنى يېشىل ئوت-چۆپلەرنى قۇرۇتۇپ قارامتۇل خەسكە ئايلاندۇردى.

⑥ جىبرىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيى ئېلىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن تېز-تېز ئوقۇيتتى. شۇڭا دېيىلدىكى: نازىل قىلغان ۋەھيىنى بىز ساڭا ئوقۇتىمىز، يەنى تىلىڭغا سېلىپ بېرىمىز، ئاندىن سەن ئۇنى ئۇنتۇمايسەن. ئەمما ئۇنتۇشۇڭنى ئاللاھ خالىسا بۇ باشقا گەپ. لېكىن ئاللاھ ئۇنتۇشۇڭنى خالىمىدى، شۇڭا ئۇنتۇپ قالمىدىڭ، ھەممىنى تولۇق يادلىدىڭ. بەزى مۇپەسسىرلەر:

ئاللاھ تائالا ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى خالىغان ۋەھيىلەرلا ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

إِنَّهُۥ يَعۡلَمُ ٱلۡجَهۡرَ وَمَا يَخۡفَىٰ ٧ وَنُيَسِّرُكَ لِلۡيُسۡرَىٰ ٨ فَذَكِّرۡ إِن
نَّفَعَتِ ٱلذِّكۡرَىٰ ٩ سَيَذَّكَّرُ مَن يَخۡشَىٰ ١٠ وَيَتَجَنَّبُهَا ٱلۡأَشۡقَى ١١
ٱلَّذِي يَصۡلَى ٱلنَّارَ ٱلۡكُبۡرَىٰ ١٢ ثُمَّ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحۡيَىٰ ١٣

***ئاللاھ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ① [7 ـ 6]. سېنى بىز ئاسانلىققا مۇۋەپپەق قىلىمىز② [8]. ۋەز ـ نەسىھەت پايدىلىق بولسىلا، (كىشىلەرگە) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن③ [9]. (ئاللاھتىن) قورققان ئادەم ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ④ [10]. ئەڭ بەختسىز ئادەم ۋەز ـ نەسىھەتتىن قاچىدۇ⑤ [11]. ئۇ (دوزاختىن ئىبارەت) ئەڭ چوڭ ئوتقا كىرىدۇ [12]. ئاندىن ئۇ دوزاختا يا ئۆلمەيدۇ يا (تىرىكتەك) ياشىمايدۇ⑥ [13].***

① بۇ ئىبارە ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن. «ئاشكارا» دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىن يادلىۋالغان ئايەتلەرنى كۆرسەتسە، «مەخپىي» دېگىنى ئۇنتۇلدۇرۇلغان ئايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك ﴿ٱلۡجَهۡرَ﴾ ئاۋازلىق ئوقۇغاننى بىلدۈرسە، ﴿مَا يَخۡفَىٰ﴾ مەخپىي يەنى تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇغاننى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئىنسان يوشۇرۇن ئىش قىلسۇن ياكى ئاشكارا ئىش قىلسۇن، ھەممىنى ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ.

② بۇ ئىبارىمۇ ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن: يادلاش ۋە ئەمەل قىلىش ئاسان بولسۇن دەپ، ساڭا ۋەھيىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز. بىز سېنى ئاسان بولغان يولغا باشلايمىز. بىز ساڭا جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز. يەنە بىز ساڭا خەيرلىك سۆز ۋە ئەمەللەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز. بىز ساڭا شۇنداق شەرىئەتنى بېرىمىزكى، ئۇ توغرا، ئاسان ۋە ئوتتۇرھال بولىدۇ، ئۇنىڭدا جاپا ـ مۇشەققەت، مۇشكۇللۇك ۋە قىيىنچىلىق بولمايدۇ.

③ يەنى ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۇنۇمى بولىدۇ دەپ قارالغان جايغا قىلغىن،

بۇ ئايەتتە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ۋە ئىلىم ئۆگىتىشتىكى بىر ئۇسۇل ۋە ئەدەب بايان قىلىندى. (تەپسىر ئىبنى كەسىر). ئىمام شەۋكانىي مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: پايدىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن سەن ۋەز-نەسىھەت قىلىپ تۇرغىن. چۈنكى، ھەر ئىككى ھالەتتە ئاگاھلاندۇرۇش ۋە دەۋەت-تەبلىغ قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىدى. يەنى " أَوْ لَمْ تَنْفَعْ " «ياكى پايدىسى بولمىسۇن» دېگەن ئىبارە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى سېنىڭ نەسىھىتىڭدىن دىلىدا ئاللاھتىن قورقىدىغانلار چوقۇم ئىبرەت ئالىدۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ تەقۋالىقى ئېشىپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئىرادىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

⑤ يەنى ئەڭ بەختسىز ئادەم كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋېلىپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقتىن بۇ نەسىھەتتىن پايدا ئالالمايدۇ.

⑥ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دوزاخقا كىرگەنلەر (دوزاختىن مەڭگۈ چىقمايدۇ) ئۇلار دوزاختا ئۆلمەيدۇ ۋە (تىرىكتەك) ياشىمايدۇ. ئەمما ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى تۈگەپ بولغۇچە دوزاختا ۋاقىتلىق قالىدىغانلار بولسا، ئاللاھ تائالا بىر شەكىلدە ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. ھەتتا ئۇلار (كۆيۈپ) كۆمۈرگە ئايلانغاندا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەر ۋە باشقىلارغا ئۇلارنى شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توپ - توپ قىلىنىپ جەھەننەمدىن چىقىرىلىدۇ ۋە جەننەتلەرنىڭ ئۈستەڭلىرىگە تاشلىنىدۇ. جەننەتتىكى بولغانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سۇ تۆكىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى ئېرىقنىڭ قىرغىقىدا ئۈنگەن مايسىدەك (ناھايىتى) جانسىز ئۆسىدۇ». (سەھىھ مۇسلىم 185-ھەدىس)

قَدْ أَفْلَحَ مَن تَزَكَّىٰ ﴿١٤﴾ وَذَكَرَ ٱسْمَ رَبِّهِۦ فَصَلَّىٰ ﴿١٥﴾ بَلْ تُؤْثِرُونَ
ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا ﴿١٦﴾ وَٱلْـَٔاخِرَةُ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰٓ ﴿١٧﴾ إِنَّ هَـٰذَا لَفِى ٱلصُّحُفِ
ٱلْأُولَىٰ ﴿١٨﴾ صُحُفِ إِبْرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ ﴿١٩﴾

***(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاكلانغان، رەببىنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ ناماز ئوقۇغان ئادەم مۇرادىغا يەتتى① [15 ـ 16]. بەلكى سىلەر (ئى ئىنسانلار!) دۇنيا ھاياتىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىسىلەر [16]. ئاخىرەت بولسا ئەڭ ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر② [17]. شەكسىزكى، بۇ (ھەقىقەتلەر) بۇرۇنقى سەھىپىلەردە ـــ ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدە باردۇر [18 ـ 19].***

① نەپسىنى ناچار ئەخلاقتىن، دىلىنى شېرىك ۋە مەئسىيەت كىرلىرىدىن پاكلىغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى.

② چۈنكى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە ۋاقىتلىق ۋە پانىيدۇر. ئەمما، ئاخىرەت ھاياتى دائىملىق ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. شۇڭا، ئەقىللىق كىشى پانىي نەرسىنى مەڭگۈ باقىي قالىدىغان نەرسىدىن ئارتۇق بىلمەيدۇ.

# سۈرە غاشىيە

| (٨٨) سورة الغاشية مكية ٢٦ آية | (88) سۈرە غاشىيە مەككىدە چۈشكەن 26 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

هَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ٱلۡغَٰشِيَةِ ﴿١﴾ وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ خَٰشِعَةٌ ﴿٢﴾ عَامِلَةٞ
نَّاصِبَةٞ ﴿٣﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا (دەھشەتلىك ھەممىنى) ئورىۋالىدىغان (قىيامەت)نىڭ خەۋىرى ھەقىقەتەن كەلدى① [1]. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەر خار بولغۇچىدۇر② [2]. ئۇلار ئەمەل قىلغۇچى، چارچاپ قالغۇچىلاردۇر③ [3].***

★پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ھېيت ۋە جۈمە نامىزىدا سۈرە جۈمە بىلەن سۈرە غاشىيەنى ئوقۇيتتى. (سەھىھ مۇسلىم 878-ھەدىس)

① ﴿هَلْ﴾ بۇ يەردە " قَدْ " ھەقىقەتەن مەنىسىدە. ﴿الْغَاشِيَةِ﴾ ئورىۋالغۇچى، قاپلىۋالغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە قىيامەتنى كۆرسىتىدۇ. قىيامەتنىڭ دەھشىتى بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئورىۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

② يەنى كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى خار بولىدۇ. ﴿خَاشِعَةٌ﴾ خار، بويسۇنغۇچى،

تىز پۈككۈچى دېگەن مەنىدە. خۇددى ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەم ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن ئېگىلىپ تۇرغاندەك.

③ ﴿ناصِبَةٌ﴾ جاپا تارتىپ چارچاپ كەتكۈچى دېگەن مەنىدە. يەنى ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق ئازاب بولىدۇكى، ئۇنىڭ ھالى ئىنتايىن يامان بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، دۇنيادا كۆپ ئەمەل قىلىپ چارچاپ كەتكەن، يەنى ناھايىتى كۆپ ئەمەل قىلىپ كەلگەن بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلى باتىل دىنلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياكى بىدئەت-خۇراپاتلاردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، «جاپالىق ئەمەللىرى» ۋە «ئىبادەتلىرى» بولسىمۇ جەھەننەمگە كىرىدۇ. مەزكۇر مەنىگە ئاساسەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿ئۇلار ئەمەل قىلغۇچى، چارچاپ قالغۇچىلاردۇر﴾ دېگەن ئايەتتىن خرىستىئانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى **4941**-ھەدىس)

**تَصۡلَىٰ نَارًا حَامِيَةً ﴿٤﴾ تُسۡقَىٰ مِنۡ عَيۡنٍ ءَانِيَةٍ ﴿٥﴾ لَّيۡسَ لَهُمۡ طَعَامٌ**
**إِلَّا مِن ضَرِيعٍ ﴿٦﴾ لَّا يُسۡمِنُ وَلَا يُغۡنِي مِن جُوعٍ ﴿٧﴾ وُجُوهٌ يَوۡمَئِذٍ**
**نَّاعِمَةٌ ﴿٨﴾ لِّسَعۡيِهَا رَاضِيَةٌ ﴿٩﴾ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ ﴿١٠﴾ لَّا تَسۡمَعُ فِيهَا**
**لَٰغِيَةً ﴿١١﴾ فِيهَا عَيۡنٌ جَارِيَةٌ ﴿١٢﴾ فِيهَا سُرُرٌ مَّرۡفُوعَةٌ ﴿١٣﴾ وَأَكۡوَابٌ**
**مَّوۡضُوعَةٌ ﴿١٤﴾ وَنَمَارِقُ مَصۡفُوفَةٌ ﴿١٥﴾ وَزَرَابِيُّ مَبۡثُوثَةٌ ﴿١٦﴾**

***ئۇلار ئەڭ ھارارەتلىك دوزاخقا كىرىدۇ [4]. ئۇلار (سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ① [5]. ئۇلارغا يا ئوزۇق بولمايدىغان ياكى ئاچلىقتا دال بولالمايدىغان (ئاچچىق) تىكەنلىك ئۆسۈملۈكتىن باشقا يېمەكلىك يوق② [6-7]. بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردە (يەنى مۇئمىنلەرنىڭ يۈزلىرىدە) بەخت-سائادەتنىڭ خۇشاللىقى جىلۋىلىنىدۇ [8]. ئۇلار (دۇنيادىكى) ئەمەللىرىدىن رازى بولىدۇ [9]. ئۇلار ئالىي جەننەتتە تۇرىدۇ [10]. ئۇ يەردە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ [11]. ئۇ يەردە ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقلار بار [12]. ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت-***

***رەت قويۇلغــان ياســتۇقلار، ســېلىنغان بىســاتلار (تۆشــەكلەر) بــار③ .[13 ـ 16]***

① بۇنىڭدىن ئىسسىقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن قايناقسۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ بىر تىكەنلىك دەرەخ بولۇپ، ئۇ قۇرۇغاندىن كېيىنمۇ قۇشلار ئۇنى يېيىشنى خالىمايدۇ، ئومۇمەن بۇمۇ بىر خىل زەققۇمغا ئوخشاش ناھايىتى ئاچچىق، بەتبۇي ۋە سېسىق يېمەكلىك بولۇپ، بەدەنگە پايدىسى بولمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا قورساقمۇ تويمايدۇ.

③ بۇ جەننەت ئەھلى ئېرىشىدىغان نېمەتلەرنىڭ تەسۋىرى بايانى بولۇپ، جەھەننەمدىكىلەرنىڭ ئەكسىچە ھەر خىل راھەت-پاراغەتتىن بەھرىمەن بولۇپ خۇشاللىقتا ياشايدۇ. ﴿عَيۡنٌ﴾ بۇ يەردە تۈرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن، يەنى كۆپ بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ، دېمەكتۇر. ﴿نَمَارِقُ﴾ يەنى "وَسَائِدُ" ياستۇقلار. ﴿زَرَابِيُّ﴾ قىلىن يۇمشاق سېلىنچا، گىلەم، بىسات، تۆشەك. ﴿ مَبۡثُوثَةٌ ﴾ سېلىنغان، يەنى بىساتلار ھەممە يەرگە سېلىنغان بولۇپ، جەننەت ئەھلى قەيەردە ئارام ئالماقچى بولسا، شۇ يەردە ئارام ئالالايدۇ.

أَفَلَا يَنظُرُونَ إِلَى ٱلۡإِبِلِ كَيۡفَ خُلِقَتۡ ﴿١٧﴾ وَإِلَى ٱلسَّمَآءِ كَيۡفَ
رُفِعَتۡ ﴿١٨﴾ وَإِلَى ٱلۡجِبَالِ كَيۡفَ نُصِبَتۡ ﴿١٩﴾ وَإِلَى ٱلۡأَرۡضِ كَيۡفَ
سُطِحَتۡ ﴿٢٠﴾ فَذَكِّرۡ إِنَّمَآ أَنتَ مُذَكِّرٞ ﴿٢١﴾ لَّسۡتَ عَلَيۡهِم بِمُصَيۡطِرٍ ﴿٢٢﴾
إِلَّا مَن تَوَلَّىٰ وَكَفَرَ ﴿٢٣﴾

***ئــۇلار تۆگىلەرگــە قــاراپ باقمامــدۇ، تۆگىلــەر قانــداق يارىتىلــدى؟① [17]، ئاســمانغا قــاراپ باقمامــدۇ، ئۇ قانــداق (ئېگىــز) كۆتۈرۈلدى؟② [18]، تاغلارغــا قــاراپ باقمامــدۇ، ئــۇلار قانــداق تىكلەنــدى؟③ [19]، زېمىنغــا قــاراپ باقمامــدۇ، ئــۇ قانــداق يېيىلىــپ تۈزلەنــدى؟④ [20]. (ئــى پەيغەمبــەر!) ســەن (ئۇلارغــا) ۋەز ـ نەســىھەت قىلغىــن، ســەن پەقــەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەســىھەت قىلغۇچىســەن⑤ [21]. ســەن ئۇلارنىڭ***

***ئۈستىدە زورلىغۇچى (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن⑥ [22]. لېكىن كىمكى (ۋەز ـ نەسىھەتتىن) باش تارتىپ (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىدىكەن [23]***

① تۈگە ئەرەبلەردە كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مىنىدىغان ئۇلىغى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە تۆگە تىلغا ئېلىنىپ دېيىدىكى: ئۇنىڭ يارىتىلىشىغا قاراپ تەپەككۇر قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نەقەدەر چوڭ جىسىم ئاتا قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قانچىلىك كۈچ-قۇۋۋەت بەردى، شۇنداقتىمۇ ئۇ سىلەرگە ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنىدۇ، قانچىلىك يۈك ئارتساڭلارمۇ، رەت قىلماستىن باشقۇرۇشۇڭلارغا بويسۇنۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر، سۈتىنى ئىچىسىلەر، ئۇنىڭ تېرىسى ۋە يۇڭىدىن ئىسسىنىش ئۈچۈن پايدىلىنىسىلەر.

② شۇنچە ئېگىز ئاسمان كۆز يەتكۈسىز يىراق مۇساپىدە تۈۋرۈكسىز تۇرماقتا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق ۋە تۆشۈك يوقتۇر. بىز ئۇنى يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدۇق.

③ يەنى تاغلارنىڭ زېمىنغا قانداق تىكلەنگەنلىكىگە قاراڭلار، زېمىن تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ تاغلار زېمىنغا مۇستەھكەم بېكىتىلدى. ئۇ تاغلاردا ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نۇرغۇن مەدەنلەر ۋە باشقا بايلىقلار بار.

④ يەنى زېمىن قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ئىنسانلار ياشىيالايدىغان شەكىلدە يېيىلدى؟ ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ يۈرىدۇ، ئىشلەيدۇ ۋە ئاسمان پەلەك بىنالارنى سالىدۇ.

⑤ يەنى سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ئاگاھلاندۇرۇش، دىنىي يەتكۈزۈش ۋە دەۋەت قىلىشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەستۇر.

⑥ سەن ئۇلارنى ئىمان كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلىغۇچى ئەمەس، بەزى مۇپەسسىرلەر، بۇ ھىجرەتتىن ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن ھۆكۈم ئىدى، «قىلىچ ئايىتى» يەنى جىھاد ئەمرى چۈشكەندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان، دەپ قارايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ

يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلار قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت ئىسلامدا ئۇلارنىڭ جىنىغا ۋە مېلىغا ھەد جازاسى كەلگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئەگەر بىز بىلمەي قالغان بولساق) ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى 25-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 21-ھەدىس)

فَيُعَذِّبُهُ ٱللَّهُ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَكْبَرَ ﴿٢٤﴾ إِنَّ إِلَيْنَآ إِيَابَهُمْ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا حِسَابَهُم ﴿٢٦﴾

***ئاللاھ ئۇنى ئەڭ چوڭ ئازاب بىلەن جازالايدۇ① [24]. ئۇلارنىڭ (ئۆلگەندىن كېيىن) قايتىدىغان يېرى پەقەتلا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر [25]. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش پەقەتلا بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر② [26].***

① يەنى جەھەننەمدە دائىملىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

② بۇ ئايەتكە جاۋابەن: «ئى ئاللاھ، ھېسابىمىزنى ئاسان قىلغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇش كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىپ قالغان. بۇ دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى نامازلىرىدا ئوقۇيتتى، بۇ نۇقتا سۈرە ئىنشىقاقتا بايان قىلىندى. لېكىن، مۇشۇ ئايەتكە جاۋابەن بۇ دۇئانى ئوقۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە كەلمىگەن.

# سۈرە فەجر

| (٨٩) سورة الفجر مكية ٣٠ آية | (89) سۈرە فەجر مەككىدە چۈشكەن 30 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلْفَجْرِ ۝١ وَلَيَالٍ عَشْرٍ ۝٢ وَٱلشَّفْعِ وَٱلْوَتْرِ ۝٣ وَٱلَّيْلِ إِذَا يَسْرِ ۝٤
هَلْ فِى ذَٰلِكَ قَسَمٌ لِّذِى حِجْرٍ ۝٥

***سۈبھى بىلەن①، (زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى) ئون كېچىسى بىلەن②، جۈپ ۋە تاق بىلەن③، ئۆتۈۋاتقان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى④ [1 ـ 4]، بۇلاردا ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن (ئۇنى قايىل قىلغۇدەك) قەسەم بارمۇ؟⑤ [1 ـ 5].***

① بۇ يەردىكى «سۈبھى» دېگەندىن خاس بىر كۈندىكى سۈبھى ئەمەس، بەلكى مۇتلەق بىر سۈبھى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر: ئايەتتىكى ئون كېچىدىن زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كېچىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئون كۈننىڭ پەزىلىتى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇشۇ كۈنلەردە (يەنى زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنلىرىدە) قىلىنغان ياخشى ئەمەل ئىبادەتلەردەك

ئاللاھ تائالاغا سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەر يوقتۇر» دېدى. ساھابىلار: ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا قىلغان جىھادچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا قىلغان جىھادمۇ (ئۇ كۈنلەردە قىلىنغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەردەك سۆيۈملۈك) ئەمەستۇر، پەقەت جېنى ۋە مېلىنى ئاتاپ (غازاتقا) چىقىپ، ئۇنىڭدىن ھېچنېمىسى قايتىپ كەلمىگەن كىشىنىڭ ئەمەلىلا ئۇ كۈنلەردە قىلىنغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىن سۆيۈملۈكتۇر» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 969ـھەدىس)

③ بۇنىڭدىن جۈپ ۋە تاق سانلار ياكى جۈپ ۋە تاق بولىدىغان سانالغۇچى نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئەسلىدە مەخلۇقاتنىڭ تۈرىدۇر. چۈنكى، مەخلۇقات جۈپ (جورا) بولىدۇ ياكى تاق (بويتاق) بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھالدا بولمايدۇ، دەيدۇ. (ئەيسەر تەپاسىر)

④ يەنى كەلگەن ۋە كەتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى. چۈنكى " سَيْرٌ " مېڭىش دېگەن سۆز كېلىش ـ كېتىش ھەر ئىككى ئەھۋالدا بولىدۇ.

⑤ ﴿ذٰلِكَ﴾ «بۇلاردا» مەزكۇر قەسەم قىلىنغان نەرسىلەردە دېمەكچى. يەنى ئۇ نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىش ئەقىل ئىگىلىرىگە كۇپايە قىلمامدۇ؟ ﴿حِجْرٍ﴾نىڭ مەنىسى توختىتىش ۋە چەكلەش دېمەكتۇر. ئىنسانىنىڭ ئەقلىمۇ ئىنساننى خاتا ئىشلاردىن چەكلەيدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئەقىل ﴿حِجْرٍ﴾ دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ ئۇقۇمغا ئاساسەن ئەقىل " نُهْيَةٌ " توسقۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەسەمنىڭ جاۋابى " لَتُبْعَثُنَّ " سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، بولىدۇ. چۈنكى مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە ئەقىدىنى رۇسلاشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، قەسەمنىڭ جاۋابى تۆۋەندە كېلىدىغان ﴿شەكسىزكى، رەببىڭ ئەلۋەتتە (ھەممىنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ دېگەن ئايەتتۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا دەلىل سۈپىتىدە ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىنغان بەزى قەۋملەرنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت مەككە ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. يەنى ئەگەر سىلەر بىزنىڭ ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتىن باش تارتمىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆتكەنكى قەۋملەرنى جازالىغانغا ئوخشاش جازالايدۇ.

أَلَمۡ تَرَ كَيۡفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ ﴿٦﴾ إِرَمَ ذَاتِ ٱلۡعِمَادِ ﴿٧﴾ ٱلَّتِي لَمۡ
يُخۡلَقۡ مِثۡلُهَا فِي ٱلۡبِلَٰدِ ﴿٨﴾ وَثَمُودَ ٱلَّذِينَ جَابُواْ ٱلصَّخۡرَ بِٱلۡوَادِ ﴿٩﴾
وَفِرۡعَوۡنَ ذِي ٱلۡأَوۡتَادِ ﴿١٠﴾ ٱلَّذِينَ طَغَوۡاْ فِي ٱلۡبِلَٰدِ ﴿١١﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاد قەۋمنى① ـ (ئېگىز بويلۇق) كۈچلۈك ئىرەم جەمەتىنى② رەببىڭنىڭ قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [7 ـ 6]. (بۇ ئادەملەرنىڭ باشقا) شەھەرلەردە ئوخشىشى يارىتىلىپ باقمىغان ئىدى③ [8]. شۇنىڭدەك تاغ جىلغىسىدا (ئۆي سېلىش ئۈچۈن) قورام تاشلارنى يونۇپ ئۆيلەرنى سالغان سەمۇد قەۋمنى④، قوزۇقلار ئىگىسى پىرئەۋننى (قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟)⑤ [10]. ئۇلار شەھەرلەردە (زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشتى [11].***

① ئاللاھ تائالا ئاد قەۋمىگە ھۇد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاخىرى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق بورانلىق ئازاب نازىل قىلدى. بۇ ۋەقە سۈرە ھاققە نىڭ 6 ـ، 7 ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق تەسۋىرلەندى: ﴿ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ئاۋازلىق، سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى. ئاللاھ ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۇزۇلدۇرمەي قويۇۋەتتى. سەن (ئەگەر شۇ يەردە بولساڭ) ئۇلارنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرەخلىرىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرەتتىڭ﴾. دېمەك ئاللاھ ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتى.

② بۇ ئايەتتە ﴿إِرَمَ﴾ دېگەن سۆز ئادنى ئىزاھلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. ئىرەم ئەسلىدە ئاد قەۋمىنىڭ بوۋىسىنىڭ نامى بولۇپ. ئۇلارنىڭ نەسەب شەجەرىسى مۇنداق: ئاد ئىبنى ئەۋس ئىبنى ئىرەم ئىبنى سام ئىبنى نۇھ ئەلەيھىسسالام، يەنى ئاد ئەۋسنىڭ ئوغلى، ئەۋس ئىرەمنىڭ ئوغلى، ئىرەم بولسا سامنىڭ ئوغلى بولۇپ، سام نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىدى. (فەتھۇلقەدىر (بۇ باياندىن مەقسەت ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئاد قەۋمى ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاشتۇرۇشتۇر. ﴿ذَاتِ الْعِمَادِ﴾ دېگەن ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ۋە قامەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار بىناكارلىقتا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئىنتايىن يۇختا ئېگىز

تۈۋرۈكلۈك بىنالارنى سالاتتى، دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. دېمەك ﴿ذَاتِ الْعِمَادِ﴾ يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

③ يەنى ئۇلاردەك قامەتلىك ۋە كۈچلۈك قەۋم ھېچ يەردە يارىتىلمىغان ئىدى. بۇ قەۋم مۇنداق دەيتتى: ﴿كۈچ-قۇۋۋەتتە بىزدىن ئارتۇق (ئۈستۈن) كىم بار؟﴾. (سۈرە فۇسسىلەت 15-ئايەت)

④ بۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تاش ئويمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنى ئاتا قىلغان ئىدى، ھەتتا ئۇلار تاشلارنى ئويۇپ، تاغلارنى تېشىپ، تۇرالغۇ-ئۆي سېلىشاتتى. سۈرە شۇئەرا149 -ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئۇستىلىق بىلەن تاغلارنى تېشىپ (ھەشەمەتلىك) ئۆيلەرنى ياسامسىلەر؟﴾

⑤ «قوزۇقلار ئىگىسى پىرئەۋننى» دېگەننىڭ بىر مەنىسى، نۇرغۇن ئەسكەرلىرى ۋە ئەسكەرلىرى تۇرىدىغان چېدىرلىرى بار پىرئەۋننى دېگەن بولىدۇ، ئۇ چېدىرلار قوزۇقلارغا باغلىنىپ تۇرغۇزۇلاتتى. يەنە بىر مەنىسى، كىشىلەرنى قوزۇقلارغا باغلاپ جازالايدىغان پىرئەۋننى دېگەن بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ زۇلۇم-سىتەملىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى قوزۇقلارغا باغلاپ جازالايتتى. (فەتھۇلقەدىر)

فَأَكْثَرُواْ فِيهَا ٱلْفَسَادَ ﴿١٢﴾ فَصَبَّ عَلَيْهِمْ رَبُّكَ سَوْطَ عَذَابٍ ﴿١٣﴾
إِنَّ رَبَّكَ لَبِٱلْمِرْصَادِ ﴿١٤﴾ فَأَمَّا ٱلْإِنسَٰنُ إِذَا مَا ٱبْتَلَىٰهُ رَبُّهُۥ
فَأَكْرَمَهُۥ وَنَعَّمَهُۥ فَيَقُولُ رَبِّيٓ أَكْرَمَنِ ﴿١٥﴾ وَأَمَّآ إِذَا مَا ٱبْتَلَىٰهُ
فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُۥ فَيَقُولُ رَبِّيٓ أَهَٰنَنِ ﴿١٦﴾ كَلَّاۖ بَل لَّا تُكْرِمُونَ
ٱلْيَتِيمَ ﴿١٧﴾ وَلَا تَحَٰٓضُّونَ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ﴿١٨﴾

***ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلدى [12]. شۇنىڭ بىلەن رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاتتىق ئازاب ياغدۇردى① [13]. شەكسىزكى، رەببىڭ ئەلۋەتتە (ھەممىنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر② [14]. ئىنسان شۇنداق (مەخلۇق)كى، رەببى ئۇنى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلسا، ئۇ: «رەببىم مېنى ئەزىز***

***قىلدى» دەيدۇ③ [15]. ئەمما رەببى ئۇنى سىناپ، رىزقىنى تار قىلسا، ئۇ: «رەببىم مېنى خار قىلدى» دەيدۇ④ [16]. ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس⑤، ھەقىقەت شۇكى، سىلەر يېتىمنى ئىززەتلىمەيسىلەر⑥ [17]. بىر - بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش-نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر [18].***

① يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرۈپ ھالاك قىلدى. يەنە بىر مەنىسى، ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت بولغۇدەك ئاقىۋەتكە دۇچار قىلدى.

② يەنى ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ.

③ يەنى ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە كۆپ مال-دۇنيا ئاتا قىلغان بولسا، ئۇ كىشى خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ، بۇ ماڭا نېمەتكە ھەقلىق ۋە ئىززەتكە لايىق بولغانلىقىم ئۈچۈن بېرىلدى، دەيدۇ. ھالبۇكى بۇ نېمەت ئۇنىڭغا سىناق ۋە ئىمتىھان ئۈچۈن بېرىلگەن.

④ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنى قىيىنچىلىققا مۇپتىلا قىلىش ئارقىلىق سىنىسا، ئاللاھ تائالاغا قارىتا يامان ئويخىيال ۋە سەلبىي قاراشتا بولىدۇ.

⑤ ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مال - دۇنيانى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرمىگەن ھەرقانداق بەندىسىگە بېرىۋېرىدۇ. شۇنداقلا ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرمىگەنىنىڭ رىزقىنى ئوخشاشلا تار قىلىدۇ. ھەر ئىككى ئەھۋالدا مۇھىم بولغىنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتۇر. يەنى ئاللاھ تائالا مال-دۇنيا بەرسە شۈكۈر قىلىش، نامراتلىققا دۇچار بولغاندا سەۋر قىلىشتۇر.

⑥ يەنى خەير-ئېھسان قىلىشقا لايىق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلمايسىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆيلەرنىڭ ياخشىسى يېتىم ئىززەتلەنگەن ئۆي؛ ئۆيلەرنىڭ يامىنى يېتىم خارلانغان ئۆي. مەن يېتىمگە كېپىل بولغۇچى بىلەن مۇشۇنداق تۇرىمەن دېگەن، ئاندىن ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن». (سۇنەنى ئەبى داۋۇد 5150-ھەدىس)

وَتَأۡكُلُونَ ٱلتُّرَاثَ أَكۡلٗا لَّمّٗا ﴿١٩﴾ وَتُحِبُّونَ ٱلۡمَالَ حُبّٗا جَمّٗا ﴿٢٠﴾ كَلَّآۖ
إِذَا دُكَّتِ ٱلۡأَرۡضُ دَكّٗا دَكّٗا ﴿٢١﴾ وَجَآءَ رَبُّكَ وَٱلۡمَلَكُ صَفّٗا صَفّٗا ﴿٢٢﴾
وَجِاْيٓءَ يَوۡمَئِذِۭ بِجَهَنَّمَۚ يَوۡمَئِذٖ يَتَذَكَّرُ ٱلۡإِنسَٰنُ وَأَنَّىٰ لَهُ ٱلذِّكۡرَىٰ ﴿٢٣﴾
يَقُولُ يَٰلَيۡتَنِي قَدَّمۡتُ لِحَيَاتِي ﴿٢٤﴾ فَيَوۡمَئِذٖ لَّا يُعَذِّبُ عَذَابَهُۥٓ
أَحَدٞ ﴿٢٥﴾ وَلَا يُوثِقُ وَثَاقَهُۥٓ أَحَدٞ ﴿٢٦﴾ يَٰٓأَيَّتُهَا ٱلنَّفۡسُ ٱلۡمُطۡمَئِنَّةُ ﴿٢٧﴾
ٱرۡجِعِيٓ إِلَىٰ رَبِّكِ رَاضِيَةٗ مَّرۡضِيَّةٗ ﴿٢٨﴾ فَٱدۡخُلِي فِي عِبَٰدِي ﴿٢٩﴾ وَٱدۡخُلِي
جَنَّتِي ﴿٣٠﴾

*مىراسنى (ھالال-ھارام دېمەي) ھە دەپ يەيسىلەر① [19]. مال-دۇنيانى (ھېرىسلىق بىلەن) ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرىسىلەر② [20]. بۇنداق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس③. (توغرىسى شۇكى) زېمىن ئارقىمۇئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا [21]. رەببىڭ (بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن) كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ-سەپ بولۇپ ھازىر بولغان چاغدا④ [22]، جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا⑤، شۇ كۈندە ئىنسان (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (ئەمما بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن؟⑥ [23]. ئۇ: «كاشكى مەن (ئاخىرەتتىكى) ھاياتىم ئۈچۈن (دۇنيادا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!»دەپ كېتىدۇ⑦ [24]. ھېچكىم ئاللاھ شۇ كۈندە جازالىغاندەك جازالىيالمايدۇ [25]. ھەمدە ھېچكىم ئاللاھ باغلىغاندەك باغلىيالمايدۇ⑧ [26]. (مۆئمىننىڭ جېنىغا مۇنداق دېيىلىدۇ) «ئى ئارام تاپقۇچى جان! [27]. سەن رەببىڭدىن مەمنۇن بولغان، رەببىڭمۇ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن⑨ [28]. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىمنىڭ قاتارىغا قوشۇلغىن [29]. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن» [30].*

① مىراسنى مەيلى ھالال يول بىلەن ھاسىل بولسۇن ياكى ھارام يول بىلەن ھاسىل بولسۇن، قايسى يول بىلەن بولسا بولسۇن، ھېچ ئايرىماستىن (ئاياللارغا ۋە بالىلارغا بەرمەي توپلام، ھەممىنى)

يەۋالىسىلەر. ﴿لَـمًّا﴾ تولۇق، پۈتۈنلەي دېگەن مەنىدە.

② ﴿جَمًّـا﴾ كۆپ، زىيادە، يەنى مال-دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرىسىلەر، دېمەكتۇر.

③ يەنە بىر مەنىسى، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك بولماسلىقى لازىم. چۈنكى بىر ۋاقىت كېلىدۇ، ئۇ چاغدا...

④ قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەر ئاسماندىن زېمىنغا چۈشكەندە ھەر ئاسماننىڭ پەرىشتىلىرى ئايرىم-ئايرىم سەپ تۈزىدۇ، ئۇلار جەمئىي يەتتە سەپ بولۇپ، زېمىن ئەتراپىنى ئوراپ ئالىدۇ.

⑤ قىيامەت كۈنى جەھەننەمنىڭ 70 مىڭ نوختىسىدىن ھەر بىرىنى 70 مىڭ پەرىشتە تۇتقان ھالدا سۆرەپ كېلىدۇ. (سەھىھ مۇسلىم 2842-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 2573-ھەدىس) جەھەننەم ئەرشنىڭ سول تەرىپىگە قويۇلىدۇ، ئۇنى كۆرۈپ بارلىق مۇقەررەبلەر ۋە پەيغەمبەرلەر داڭ قېتىپ قالىدۇ ۋە «يا رەببىم، مېنى ساقلىغىن، مېنى ساقلىغىن» دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

⑥ يەنى بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىنساننىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ كاپىر بولغانلىقى ۋە ئاسىيلىق قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ كۈندە پۇشايماننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

⑦ بۇ ئەپسۇسلىنىش ۋە ھەسرەت-نادامەت، ئۇ كۈندە ھېچقانداق پايدا-مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

⑧ چۈنكى، ئۇ كۈندە پۈتۈن ھوقۇق ۋە ئىختىيار پەقەت بىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئۇ كۈندە ھېچكىمنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا رۇخسەتسىز پىكىر بايان قىلىش ۋە سۆزلەش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ھەتتا ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم شاپائەتمۇ قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى يەنى كاپىرلارغا قانداق ئازاب بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق باغلىنىدىغانلىقى ۋە جەھەننەمگە قانداق تاشلىنىدىغانلىقىنى بۇ يەردە تەسۋىرلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، گەرچە ئازراق مۆلچەرلىگىلى بولسىمۇ. دېمەك، بۇ زالىملار ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋالىدۇر، لېكىن مۇئمىنلەر ۋە ئىتائەتمەنلەرنىڭ ئەھۋالى ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ.

⑨ يەنى رەببىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن جەننەتتە تەييارلىغان نېمەتلەر تەرەپكە قايتقىن. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ سۆز ئۆلارغا قىيامەت كۈنى دېيىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ سۆز بەندە ئۆلىدىغان چاغدا پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر بېرىش يۈزىسىدىن دېيىلىدۇ، يەنە قىيامەت كۈنىمۇ دېيىلىدۇ. هاپىز ئىبنى كەسىر ئىبنى ئەساكىردىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بىر ئادەمگە مۇنداق دۇئا قىلىشقا تەۋسىيە قىلغانلىقىنى نەقىل قىلغان: «ئى ئاللاھ، مەن سەندىن، نەپسىمنى بەرگىنىڭگە قانائەت قىلىدىغان، هۆكمىڭگە رازى بولىدىغان ۋە ساڭا مۇلاقات بولۇشقا ئىشىنىدىغان ئارام تاپقۇچى جان قىلىشىڭنى سورايمەن». (ئىبنى كەسىر)

# سۈرە بەلەد

| (٩٠) سورة البلد مكية ٢٠ آية | (90) سۈرە بەلەد مەككىدە چۈشكەن 20 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

لَآ أُقْسِمُ بِهَٰذَا ٱلْبَلَدِ ۝١ وَأَنتَ حِلٌّۢ بِهَٰذَا ٱلْبَلَدِ ۝٢

***بۇ شەھەر (يەنى مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [1]. (ئى پەيغەمبەر!) بۇ شەھەردە (ئۇرۇش قىلىش) ساڭا (ۋاقىتلىق) ھالالدۇر② [2].***

① «بۇ شەھەر» مەككە ئەلمۇكەررەمەنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۈرە نازىل بولغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ شەھەردە ئىدى. بۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان جاي ئىدى. دېمەك، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ۋە تۇرغان ماكان بىلەن قەسەم قىلدى. بۇنىڭدىن بۇ شەھەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى تېخىمۇ ئايان بولىدۇ.

② بۇ ئايەت مەككە پەتھى قىلىنغان چاغدا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇ شەھەردە ئۇرۇش قىلىشنى ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىگە قارىتىلغان. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ شەھەرنى ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈنىلا ھارام قىلغان، شۇڭا

ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلىشى بىلەن تاكى قىيامەتكىچە ھارامدۇر. بۇ شەھەرنىڭ دەل - دەرەخلىرى قومۇرۇلمايدۇ (كېسىلمەيدۇ)، ئوت - چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ. مېنىڭ بۇ شەھەردە پەقەت كۈندۈزدىن بىر سائەتلا ئۇرۇش قىلىشىم ھالال قىلىندى. ئەمدى ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك ھاراملىق ھالىتىگە قايتتى. بۇنى ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزسۇن. ناۋادا بىرسى مېنىڭ بۇ شەھەردە ئۇرۇش قىلغانلىقىمنى دەلىل قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشقا ئۇرۇنسا، ئۇنىڭغا: ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگىلا رۇخسەت قىلغان، باشقىلارغا رۇخسەت قىلمىغان، دەڭلار». (سەھىھۇل بۇخارى 104 - ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 1354 - ھەدىس) ئايەتنىڭ سىياقىغا قارىغاندا «بۇ شەھەردە (ئۇرۇش قىلىش) ساڭا ھالالدۇر» دېگەن ئىبارە قىستۇرۇلما جۈملە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قەسەم داۋام قىلىدۇ.

وَوَالِدٖ وَمَا وَلَدَ ۝٣ لَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ فِي كَبَدٍ ۝٤ أَيَحۡسَبُ أَن لَّن
يَقۡدِرَ عَلَيۡهِ أَحَدٞ ۝٥ يَقُولُ أَهۡلَكۡتُ مَالٗا لُّبَدًا ۝٦ أَيَحۡسَبُ أَن
لَّمۡ يَرَهُۥٓ أَحَدٌ ۝٧ أَلَمۡ نَجۡعَل لَّهُۥ عَيۡنَيۡنِ ۝٨ وَلِسَانٗا وَشَفَتَيۡنِ ۝٩

*ئاتا (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام) بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [3]. بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە (ياشايدىغان) قىلىپ ياراتتۇق② [4]. ئۇ (ھاكاۋۇر ئىنسان) ئۆزىگە ھېچ كىشىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟③ [5] ئۇ (پەخىرلىنىپ): «كۆپ مال - دۇنيا سەرپ قىلدىم» دەيدۇ④ [6]. ئۇ بۇنى ھېچ كىشى كۆرمىدى (ئاللاھ بۇنىڭدىن ھېساب ئالمايدۇ) دەپ ئويلامدۇ؟⑤ [7] بىز ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز⑥، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟⑦ [8 - 9].*

① بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇنىڭدىن ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ، بەزىلەر: بۇ ئومۇمىي بولۇپ ھەر قانداق ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دەيدۇ.

② يەنى ئۇنىڭ ھاياتى جاپا - مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئىمام تەبەرى مۇشۇ مەنىنى توغرا دەپ ئالغان. بۇ جۈملە

يۇقىرىدىكى قەسەملەرنىڭ جاۋابىدۇر.

③ يەنى ئۇ ھېچكىم مېنى جازالاشقا قادىر ئەمەس دەپ ئويلامدۇ؟

④ ﴿لُبَدًا﴾ كۆپ، بەك جىق دېگەن مەنىدە. يەنى ئۇ ئىنسان دۇنيا ئىشلىرى ۋە بىھۇدە ئىشلارغا نۇرغۇن پۇل خەجلەيدۇ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا پەخىرلىنىپ ئۆزىنىڭ خەجلىگەنلىرىنى سۆزلەپ يۈرىدۇ.

⑤ ئۇ ئاللاھ نارازى بولىدىغان ئىشلارغا پۇل خەجلەپ، ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى يوق دەپ ئويلامدۇ؟ ۋەھالەنكى، ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ قىلمىشىغا جازا بېرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بەزى نېمەتلىرىنى كىشىلەرگە ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن ئەسلىتىۋاتىدۇ.

⑥ ئىنسان بىز ياراتقان شۇ ئىككى كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

⑦ تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ ۋە قەلبىدىكىنى ئىزھار قىلىدۇ، سۆزلەشتە ۋە تاماق يېيىشتە كالپۇكلىرىغا تايىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كالپۇكلىرى ئۇنىڭ ئاغزى ۋە يۈزىنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ.

وَهَدَيْنَٰهُ ٱلنَّجْدَيْنِ ﴿١٠﴾ فَلَا ٱقْتَحَمَ ٱلْعَقَبَةَ ﴿١١﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا
ٱلْعَقَبَةُ ﴿١٢﴾ فَكُّ رَقَبَةٍ ﴿١٣﴾ أَوْ إِطْعَٰمٌ فِى يَوْمٍ ذِى مَسْغَبَةٍ ﴿١٤﴾ يَتِيمًا
ذَا مَقْرَبَةٍ ﴿١٥﴾ أَوْ مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ ﴿١٦﴾ ثُمَّ كَانَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْمَرْحَمَةِ ﴿١٧﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ
ٱلْمَيْمَنَةِ ﴿١٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا هُمْ أَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ ﴿١٩﴾
عَلَيْهِمْ نَارٌ مُّؤْصَدَةٌۢ ﴿٢٠﴾

***ئۇنىڭغا (ياخشى ۋە يامان) ئىككى يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟① [10] (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇ داۋان ئاشمىدى② [11]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن داۋان ئېشىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ [12] (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلىشتۇر [13]، ياكى ئاچارچىلىق (يۈز بەرگەن) كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە، ياكى توپىدا***

***ياتقان مىسكىن (يەنى ھالى ناچار كەمبەغەل)گە تاماق بېرىشتۇر③ [14 ـ 16]. ئاندىن (يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، بىر ـ بىرىگە (تائەت ـ ئىبادەتتە) چىدامچان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن④، بىر ـ بىرىگە مەرھەمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولۇشتۇر⑤ [17]. ئەنە ئاشۇ (ئىشلارنى قىلغان) كىشىلەر سائادەتمەن كىشىلەردۇر [18]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ھەقىقىي بەختسىزلەردۇر [19]. ئۇلار (ئىشىكلىرى مەھكەم) تاقالغان دوزاخقا سولىنىدۇ⑥ [20].***

① يەنى ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ئىمان ۋە كۇفرى، بەخت ـ سائادەت ۋە بەختسىزلىكنىڭمۇ يولىنى كۆرسەتتۇق. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەكسىزكى، بىز ئۇنىڭغا (پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ ياكى (ياخشى يولدا مېڭىپ) شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ، ياكى (يامان يولدا مېڭىپ) تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ﴾. (سۈرە دەھر3 ـ ئايەت). " نَجْدٌ " نىڭ مەنىسى ئېگىز جاي. شۇنىڭغا ئاساسەن بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق شەرھلىگەن: بىز ئىنساننى) ئانىنىڭ (ئىككى كۆكسىگە باشلىدۇق، يەنى بوۋاق ۋاقتىدا ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن ئانىسىنى ئېمىشكە يېتەكلىدۇق. لېكىن، باشتىكى ئۇقۇم ئەڭ توغرىدۇر.

② ﴿الْعَقَبَةَ﴾ دېگەن داۋان يەنى تاغدىكى يولدۇر. ئومۇمەن داۋاندىن ئۆتمەك ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. بۇ سوراق جۈملە بۇ يەردە ئىنكار مەنىسىدە كەلگەن. ئۇ داۋان ئاشمىدىمۇ؟ بۇ يەردە داۋاندىن ئېشىش مەقسەت ئەمەس، بەلكى بۇ بىر مىسال بولۇپ، ئىنسان داۋاندىن ئۆتۈشتە قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلگەندەك، ياخشى ئەمەل قىلىش جەريانىدا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى ۋە نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن. (فەتھۇلقەدىر)

③ ﴿مَسْغَبَةٍ﴾ " مَجَاعَةٌ " ئاچارچىلىق. ﴿يَوْمٍ ذِىْ مَسْغَبَةٍ ﴾ ئاچارچىلىق كۈندە. ﴿ذَا مَتْرَبَةٍ﴾ توپىلىق يەنى پېقىرلىق ۋە غۇربەت سەۋەبىدىن توپىدا) يەردە (ياتقان، ئۆي ـ ماكانى يوق كىشىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك قۇل ئازات قىلىش، ئاچ قالغانغا، تۇغقاندارچىلىقى بار يېتىمگە ياكى مىسكىنگە تاماق بېرىش داۋان ئېشىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەمەل ئارقىلىق ئىنسان

دوزاختىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە يېتىدۇ. يېتىمنى ئۆز كاپالىتىگە ئېلىش بولسا ساۋابى ئەڭ كاتتا ئەمەلدۇر. ئەگەر ئۇ تۇغقاندارچىلىقى بار يېتىم بولسا، ئۇنى كاپالەتكە ئالغاننىڭ ساۋابى ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ: بىرى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى، يەنە بىرى سىلە-رەھىم قىلغاننىڭ ساۋابىدۇر. شۇنىڭدەك قۇل ئازات قىلغاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كۆپ ھەدىسلەر بار. بۈگۈنكى كۈندە قەرزدارنى قەرزنىڭ يۈكىدىن خالاس قىلىپ قويۇشمۇ بىر خىل «قۇل ئازات قىلىش» ھېسابلىنىدۇ.

④ بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، مەزكۇر ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشى مۇئمىن بولسىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئەمەللىرى پايدىلىق ۋە ئاخىرەتتە سائادەتمەنلەردىن بولۇشقا سەۋەب بولالايدۇ.

⑤ مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇلار بىر-بىرىگە سەۋرنى ۋە سىلە-رەھىمنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

⑥ ﴿مُؤْصَدَةٌ﴾ مەنىسى «مُغْلَقَةٌ " تاقالغان، يەنى ئۇلار ئوتقا تاشلىنىدۇ، قاچالماسلىقى ۋە ئوتنىڭ ھارارىتى ئۇلارنى شىددەت بىلەن كۆيدۈرۈشى ئۈچۈن تۆت تەرەپتىن تاقىلىدۇ.

# سۈرە شەمس

| (٩١) سورة الشمس مكية ١٥ آية | (91) سۈرە شەمس مەككىدە چۈشكەن 15 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلشَّمْسِ وَضُحَىٰهَا ١ وَٱلْقَمَرِ إِذَا تَلَىٰهَا ٢ وَٱلنَّهَارِ إِذَا جَلَّىٰهَا ٣
وَٱلَّيْلِ إِذَا يَغْشَىٰهَا ٤ وَٱلسَّمَآءِ وَمَا بَنَىٰهَا ٥ وَٱلْأَرْضِ وَمَا
طَحَىٰهَا ٦ وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّىٰهَا ٧

***قۇياش ۋە ئۇنىڭ ئاپتىپى① بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [1]، قۇياشقا ئەگەشكەن ئاي بىلەن قەسەم قىلىمەنكى② [2]، قۇياشنى نامايان قىلىدىغان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەنكى③ [3]، قۇياشنى ئورىغان (يوشۇرغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى④ [4]، ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنىڭ مۇستەھكەم بىناسى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى⑤ [5]، زېمىن بىلەن ۋە ئۇنىڭ كەڭ يېيىلىشى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى⑥ [6]، جان بىلەن ۋە جان ئىگىسىنى مۇكەممەل ياراتقان⑦،***

① يەنە بىر مەنىسى، قۇياشنىڭ نۇرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى. ئەگەر ﴿ ضُحَىٰ ﴾ كۈندۈزنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئالغاندا، قۇياش ۋە كۈندۈز

بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېگەن بولىدۇ.

② يەنى قۇياش پاتقاندىن كېيىن چىققان ئاي بىلەن قەسەم قىلىمەنكى. ئادەتتە ھەر ئاينىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا ئاي قۇياش پاتقاندىن كېيىن چىقىدۇ.

③ يەنە بىر مەنىسى، قاراڭغۇلۇقنى يوقاتقان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەنكى. ئايەتتە قاراڭغۇلۇق تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، جۈملىنىڭ سىياقى ئۇنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

④ يەنى كېچە قۇياشنى قاپلىغان ۋە ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق ئورىغان چاغ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى.

⑤ يەنە بىر مەنىسى، «ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغۇچى زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى». بۇ مەنە ئېتىبارى بىلەن ﴿مَا﴾ بۇ يەردە ﴿مَن﴾ مەنىسىدە كەلگەن. شۇڭا «ئۇنى بىنا قىلغۇچى زات» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

⑥ يەنە بىر مەنىسى، «زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى يايغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى».

⑦ يەنە بىر مەنىسى: ئىنساننى توغرا، بېجىرىم ۋە چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان زات بىلەن قەسەمكى، دېگەن بولىدۇ. «بېجىرىم ياراتقان» دېگەن ئىنساننىڭ ئەزالىرى بىر-بىرىگە ماسلاشقان ۋە ئۆلچەملىك بولۇپ، غەلىتە، ئورۇنسىز ئەمەس دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَىٰهَا ۝٨ قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّىٰهَا ۝٩ وَقَدْ خَابَ
مَن دَسَّىٰهَا ۝١٠ كَذَّبَتْ ثَمُودُ بِطَغْوَىٰهَآ ۝١١ إِذِ ٱنۢبَعَثَ أَشْقَىٰهَا ۝١٢
فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ ٱللَّهِ نَاقَةَ ٱللَّهِ وَسُقْيَٰهَا ۝١٣ فَكَذَّبُوهُ فَعَقَرُوهَا
فَدَمْدَمَ عَلَيْهِمْ رَبُّهُم بِذَنۢبِهِمْ فَسَوَّىٰهَا ۝١٤ وَلَا يَخَافُ عُقْبَٰهَا ۝١٥

***ئۇنىڭغا ياخشىلىق - يامانلىقنى بىلدۈرگەن (تونۇتقان) زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [7 - 8]، نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم***

*مۇرادىغا يېتىدۇ② [9]. نەپسىنى (گۇناھلار بىلەن بۇلغاپ) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ③ [10]. سەمۇد قەۋمى ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن (ئۆز پەيغەمبىرىنى) ئىنكار قىلدى④ [11]. ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى⑤ (مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى بوغۇزلاشقا) تۇتۇش قىلغاندا [12]. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (سالىھ) ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ تۆگىسىگە چېقىلماڭلار، ئۇنى سۇ ئىچىشتىن توسماڭلار» دېگەن ئىدى⑥ [13]. ئۇلار پەيغەمبەرنى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى) يالغانغا چىقاردى ۋە تۆگىنى ئۆلتۈردى⑦. شۇنىڭ بىلەن گۇناھى تۈپەيلىدىن رەببى ئۇلارغا چوڭ بىر ئازابنى چۈشۈرۈپ، ھالاك قىلدى⑧، ھەممىسىنى ئومۇمیۈزلۈك ھالاك قىلىۋەتتى⑨ [14]. ئاللاھ ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلغانلىقىنىڭ) ئاقىۋىتىدىن قورقمايدۇ⑩ [15].*

① ﴿أَلْهَمَ﴾نىڭ بىر مەنىسى، ئىنسانغا پەيغەمبەرلەر ۋە ساماۋىي كىتابلار ئارقىلىق ياخشىلىق-يامانلىقنى ئېنىق تونۇتقان ۋە چۈشەندۈرگەن زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى. يەنە بىر مەنىسى، ئىنساننىڭ ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىپ، يامانلىقتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەقلى ۋە تەبىئىتىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، توغرا بىلەن خاتانى پەرق ئېتەلىگۈدەك تۇيغۇ ئاتا قىلغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى.

② يەنى نەپسىنى شېرىكتىن، گۇناھ-مەئسىيەتتىن ۋە ناچار ئىللەتلەردىن پاك قىلغان ئادەم ئاخىرەتتىكى غەلىبە ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

③ نەپسىنى گۇمراھ قىلىۋەتكەن ئادەم زىيانكارلىقتا قالىدۇ. " دَسَّ " دېگەن سۆز " تَدْسِيْسٌ »دىن كېلىپ چىققان پېئىل بولۇپ، مەنىسى: بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە يوشۇرۇپ قويۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ يەردە ﴿دَسَّىهَا﴾نىڭ مەنىسى: نەپسىنى تائەت-ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەل ئارقىلىق زاھىر قىلماي، يوشۇرغان، بۇلغىغان ۋە بىكار تاشلىۋەتكەن ئادەم ھەرگىز نىجاتلىققا ۋە غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ، مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ.

④ يەنى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ۋە سەركەشلىك ئۇلارنى ھەقنى

ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ باردى.

⑤ مۇپەسسىرلەر: ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى قەدار ئىبنى سالىف ئىدى، دەيدۇ. ئۇ ئۆز قىلمىشى سەۋەبلىك ئەڭ بەتبەخت ئادەم يەنى بەتبەختلەرنىڭ كاتتىسى بولۇپ كەتتى.

⑥ ئۇلار تۆگىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ۋە تۆگە سۇ ئىچىدىغان كۈندە ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىۋالماسلىققا بۇيرۇلغان ئىدى. تۆگىنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن بىر كۈن ۋە سەمۇد قەۋمىنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن مۇئەييەن بىر كۈن بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ بەلگىلىمىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ئىدى، لېكىن زالىملار ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىدى.

⑦ بۇ جىنايەتنى پەقەت «قەدار ئىبنى سالىف» يەنى بىر ئادەم سادىر قىلدى، لېكىن بۇ ئىشتا قەۋمى ئۇنىڭغا شېرىك بولۇپ، قوللاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەممىسى ئوخشاش جىنايەتچى سانالدى. پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش ۋە تۆگىنى بوغۇزلاش پۈتۈن قەۋمگە مەنسۇپ قىلىندى. بۇنىڭدىن شۇنداق بىر قانۇنىيەت مەلۇم بولىدىكى، جىنايەتنى سادىر قىلغۇچى بىر شەخس بولسىمۇ، پۈتۈن قەۋم ئۇنى توسۇشنىڭ ئورنىغا، قوللاپ قاراپ تۇرسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پۈتۈن قەۋم جىنايەتكە شېرىك بولغان ھېسابلىنىدۇ.

⑧ ﴿فَدَمْدَمَ عَلَيْهِمْ﴾ ئۇلارنى ھالاك قىلدى ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازاب نازىل قىلدى.

⑨ ئازابنى ئومۇمىي قىلدى. يەنى بۇ ئازابنى ھەممىگە باراۋەر قىلدى، ھېچكىمنى قالدۇرمىدى، چوڭ-كىچىك ھەممىنى ھالاك قىلدى. يەنە بىر مەنىسى: زېمىننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باراۋەر قىلدى، يەنى ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

⑩ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاپ، قايسىبىر كۈچنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. ئۇ ئاقىۋەتتىن قورقمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە باراۋەر كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچ مەۋجۇت ئەمەس.

# سۈرە لەيل

| (٩٢) سورة الليل مكية ٢١ آية | (92) سۈرە لەيل مەككىدە چۈشكەن 21 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھربان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلَّيْلِ إِذَا يَغْشَىٰ ۝١ وَٱلنَّهَارِ إِذَا تَجَلَّىٰ ۝٢ وَمَا خَلَقَ ٱلذَّكَرَ
وَٱلْأُنثَىٰٓ ۝٣ إِنَّ سَعْيَكُمْ لَشَتَّىٰ ۝٤ فَأَمَّا مَنْ أَعْطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ۝٥

***(قاراڭغۇلۇقى ھەممە نەرسىنى) قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [1]، يورۇغان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەنكى② [2]، ئەركەك ـ چىشىنى (ئەر ـ ئايالنى) ياراتقان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى③ [3]، سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلار ھەقىقەتەن خىلمۇخىلدۇر④ [4]. (ئاللاھ يولىدا) پۇل ـ مال سەرپ قىلغان⑤،***

① يەنى كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى يوق بولۇپ، قاراڭغۇلۇقى ئۇپۇقنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى.

② يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى يوق بولۇپ، يورۇقى يېيىلغان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەنكى.

③ بۇ يەردە ئاللاھ ئۆز زاتى بىلەن قەسەم قىلدى. چۈنكى ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسىنى ياراتقۇچى پەقەتلا ئاللاھتۇر. بۇ ئايەتتىكى

باغلىغۇچى ﴿مَا﴾ " الَّذِىْ " «غان، قان» دېگەن مەنىدە كەلگەن. شۇڭا «ياراتقان زات بىلەن» دەپ تەرجىمە قىلىندى.

④ كىمكى ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر. كىمكى يامان ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى دوزاختۇر. بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. " مَرِيْضٌ " «بىمار»نىڭ كۆپلۈكى " مَرْضَى " بولغاندەك " شَتِيْتٌ " «خىلمۇخىل»نىڭ كۆپلۈكى " شَتَّى " بولىدۇ.

⑤ يەنى پۇل - مېلىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغان ۋە ھارام ئىشلاردىن ساقلانغان.

وَصَدَّقَ بِٱلْحُسْنَىٰ ۝٦ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلْيُسْرَىٰ ۝٧ وَأَمَّا مَنۢ بَخِلَ
وَٱسْتَغْنَىٰ ۝٨ وَكَذَّبَ بِٱلْحُسْنَىٰ ۝٩ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلْعُسْرَىٰ ۝١٠ وَمَا
يُغْنِى عَنْهُ مَالُهُۥٓ إِذَا تَرَدَّىٰٓ ۝١١ إِنَّ عَلَيْنَا لَلْهُدَىٰ ۝١٢

***تەقۋادارلىق قىلغان، كەلىمە تەۋھىدنى راست دەپ ئىشەنگەن① ئادەمگە كەلسەك، [6 - 5] بىز ئۇنىڭغا ياخشى ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز② [7]. بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھتىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان③، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك④، [8 - 9]، بىز ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز⑤ [10]. ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ پۇل - مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ⑥ [11]. شەكسىزكى، توغرا يولنى كۆرسىتىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر⑦ [12].***

① يەنە بىر مەنىسى، ياخشى مۇكاپاتنى تەستىق قىلغان يەنى پۇل-مېلىنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلسا، تەقۋادارلىق قىلسا، ئاللاھ تەرەپتىن ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن.

② ﴿يُسْرَىٰ﴾ ئەسلىدە «ئاسانلىق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ياخشى ئىش ۋە ياخشى خىسلەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىز ئۇنى ياخشى ئىش ۋە ئىتائەتكە مۇۋەپپەق قىلىمىز ۋە بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەت

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇ ئالتە قۇلنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلغان. ئۇ قۇللار مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەبىدىن مەككە كاپىرلىرى تەرىپىدىن ئېغىر ئەزىيەتلەرگە دۇچار بولغان ئىدى. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمىغان ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بىپەرۋالىق قىلغان.

④ يەنە بىر مەنىسى، ئاخىرەتتىكى جازا ۋە ھېسابنى ئىنكار قىلغان.

⑤ ﴿عُسْرَىٰ﴾ ئەسلىدە «قىيىنچىلىق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن كۇفرىلىق، گۇناھ، يامان يول ۋە يامان ئىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىز ئۇنىڭغا يامان يول ۋە يامان ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ياخشى ئىش ۋە سائادەت يولى قىيىن بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە جايدا بايان قىلىنغان. كىمكى ياخشىلىق ۋە توغرا يولنى ئىختىيار قىلسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. كىمكى يامانلىق ۋە گۇناھ يولنى ئىختىيار قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ئەزەلىسىدە پۈتكەن تەقدىرى بويىچە بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بۇ نۇقتا ھەدىستىمۇ بايان قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئەمەل قىلىڭلار، كىم قايسى ئىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، شۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاسان قىلىنىدۇ. (تەقدىرىگە) بەختلىك دەپ پۈتۈلگەنلەر بەختلىكلەرنىڭ ئەمەلىنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىنىدۇ. (تەقدىرىگە) بەختسىز دەپ پۈتۈلگەنلەرگە بەختسىزلەرنىڭ ئەمەلىنى قىلىش ئاسانلاشتۇرۇلىدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4949-ھەدىس)

⑥ ئۇ جەھەننەمگە تاشلانغان چاغدا، سەرپ قىلمىغان پۇل-مېلى ئۇنىڭغا ھېچ ئەسقاتمايدۇ.

⑦ يەنى ھالال ۋە ھارام، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ھىدايەت ۋە زالالەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. (بىز بۇ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلدۇق)

وَإِنَّ لَنَا لَلْءَاخِرَةَ وَٱلْأُولَىٰ ﴿١٣﴾ فَأَنذَرْتُكُمْ نَارًا تَلَظَّىٰ ﴿١٤﴾ لَا يَصْلَىٰهَآ
إِلَّا ٱلْأَشْقَى ﴿١٥﴾ ٱلَّذِى كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٦﴾ وَسَيُجَنَّبُهَا ٱلْأَتْقَى ﴿١٧﴾ ٱلَّذِى
يُؤْتِى مَالَهُۥ يَتَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَمَا لِأَحَدٍ عِندَهُۥ مِن نِّعْمَةٍ تُجْزَىٰٓ ﴿١٩﴾ إِلَّا
ٱبْتِغَآءَ وَجْهِ رَبِّهِ ٱلْأَعْلَىٰ ﴿٢٠﴾ وَلَسَوْفَ يَرْضَىٰ ﴿٢١﴾

***دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر① [13]. مەن سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم [14]. ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغان، (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتقان ئەڭ بەتبەخت ئادەملا كىرىدۇ② [15 ـ 16]. پاكلىنىش ئۈچۈن پۇل ـ مېلىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئەڭ تەقۋادار ئادەم③ ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ④ [17 ـ 18]. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس⑤، پەقەت ئۇلۇغ رەببىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر⑥ [19 ـ 20]. ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) كەلگۈسىدە (رەببىنىڭ مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ⑦ [21].***

① يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھەر ئىككىسى بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر. ئۇلارنى خالىغىنىڭلارچە تەلەپ قىلىڭلار. ئىككىلىسىنى ياكى ئىككىسىدىن بىرىنى تەلەپ قىلىدىغانلار بىزدىن تەلەپ قىلسۇن، چۈنكى پەقەت بىزلا ھەربىر تەلەپ قىلغۇچىغا ئۆز ئىرادىمىز بويىچە بېرىمىز.

② بۇ ئايەتنى مۇرجىئە پىرقىسى (ئىلگىرى ئۆتكەن بىر باتىل پىرقە) دەلىل كەلتۈرۈپ، جەھەننەمگە پەقەت كاپىرلارلا كىرىدۇ، مۇسۇلمان ھەر قانچە گۇناھكار بولسىمۇ، جەھەننەمگە كىرمەيدۇ، دېدى. لېكىن، بۇ قاراش ئوچۇق نەقلىي دەلىللەرگە خىلاپتۇر. توغرىسى شۇكى، بىر قىسىم گۇناھكار مۇسۇلمانلار مەلۇم ۋاقىت جەھەننەمگە كىرىدۇ، كېيىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم، پەرىشتىلەر ۋە باشقا سالىھ كىشىلەرنىڭ شاپائىتى بىلەن جەھەننەمدىن چىقىدۇ. بۇ يەردە قىسقىچە بايان قىلىنغان ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، جەھەننەم كاپىرلارغا ۋە بەتبەخت كىشىلەرگە تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلار شەكسىز جەھەننەمگە

كىرىدۇ ۋە ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بىر قىسىم گۇناھكار مۇسۇلمانلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، لېكىن مەڭگۈ قالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىغا لايىق جازالانغاندىن كېيىن جەھەننەمدىن چىقىدۇ. دېمەك، ئۇلار جەھەننەمگە جازالىنىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق كىرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

③ يەنى پۇل-مېلىنىمۇ ۋە نەپسىنىمۇ پاكلاش ئۈچۈن پۇل-مېلىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە سەرپ قىلىدىغان ئادەم.

④ جەھەننەمدىن يىراق بولىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ.

⑤ يەنى ئۇ قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە غەرەزلىك پۇل خەجلەيدىغان ئادەم ئەمەس.

⑥ بەلكى ئىخلاس بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ۋە جەننەتتە ئۇنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولۇش ئۈچۈن، پۇل خەجلەيدىغان ئادەمدۇر.

⑦ يەنى مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىگە ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ نېمەتلىرى، ئىززەت ۋە شان-شەرەپ ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئاللاھتىن رازى بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئاللاھ رازى بولىدۇ. كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ نەقىل قىلىشىچە، بۇ ئايەت ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان، بۇ ھەقتە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. شۇنداقتىمۇ بۇ ئايەت مەنە ۋە ئۇقۇم جەھەتتىن ئومۇمىيدۇر. كىمكى مەزكۇر ئالىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ.

# سۈرە زۇھا

| (٩٣) سورة الضحى مكية ١١ آية | (93) سۈرە زۇھا مەككىدە چۈشكەن 11 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلضُّحَىٰ ١ وَٱلَّيۡلِ إِذَا سَجَىٰ ٢ مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَىٰ ٣
وَلَلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لَّكَ مِنَ ٱلۡأُولَىٰ ٤ وَلَسَوۡفَ يُعۡطِيكَ رَبُّكَ
فَتَرۡضَىٰٓ ٥

***چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [1]، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى② [2]، (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ سېنى تاشلىۋەتمىدى ۋە يامان كۆرۈپمۇ قالمىدى③ [3]. سەن ئۈچۈن ئاخىرەت ئەلۋەتتە بۇ دۇنيادىن ياخشىدۇر④ [4]، رەببىڭ ساڭا كەلگۈسىدە (كۆپ ياخشىلىق) ئاتا قىلىدۇ، سەن (بۇنىڭدىن) مەمنۇن بولىسەن⑤ [5].***

★بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى توغرىسىدا مۇنداق ھەدىس كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قېلىپ ئىككى-ئۈچ كېچە نامازغا تۇرالمىغان. بىر ئايال كېلىپ (تەنە تەرىقىسىدە): ئى مۇھەممەد! شەيتىنىڭ سېنى تاشلىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە:

جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىر مەزگىل ۋەھيي ئېلىپ كەلمىگەن، شۇ سەۋەبتىن مۇشرىكلار: مۇھەممەدنى رەببى تاشلىۋېتىپتۇ، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ سۈرىنى چۈشۈرگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 4950-ھەدىس) بۇ ئايال ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل ئىدى. (فەتھۇلبارى)

① ئەتىگەندە قۇياش يۇقىرى ئۆرلىگەن ۋاقىت چاشگاھ ۋاقتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن پۈتۈن كۈندۈز كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② ﴿سَجَىٰ﴾ دېگەن سۆز " سَكَنَ " تىنچلاندى، سۈكۈنات، جىمجىتلىق مەنىسىدە بولۇپ، قاراڭغۇلۇق ئەتراپنى قاپلىغان ۋە ھەممە جاي سۈكۈناتقا چۆمگەن ۋە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن كېچە دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

③ يەنى كاپىرلار ئويلىغاندەك رەببىڭ سېنى تاشلىۋەتمىدى.

④ يەنە بىر مەنىسى، ئاخىرقى نەتىجە سەن ئۈچۈن دەسلەپكى باشلىنىشتىن ياخشىراقتۇر. ھەر ئىككى چۈشەنچە مەنە ئېتىبارى جەھەتتىن توغرىدۇر.

⑤ بۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇنيادا ئاتا قىلىنغان پەتھى-غەلىبىلەر ۋە ئاخىرەتتە ئاتا قىلىنىدىغان ئەجىر-ساۋابلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە ئۇنىڭ گۇناھكار ئۇممەتلىرىنى شاپائەت قىلىش ھەققىمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

أَلَمْ يَجِدْكَ يَتِيمًا فَـَٔاوَىٰ ﴿٦﴾ وَوَجَدَكَ ضَآلًّا فَهَدَىٰ ﴿٧﴾ وَوَجَدَكَ عَآئِلًا فَأَغْنَىٰ ﴿٨﴾ فَأَمَّا ٱلْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ ﴿٩﴾ وَأَمَّا ٱلسَّآئِلَ فَلَا تَنْهَرْ ﴿١٠﴾ وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ ﴿١١﴾

*ئۇ سېنىڭ يېتىملىكىڭنى بىلىپ پاناھلىق بەرمىدىمۇ؟① [6] سېنىڭ تېڭىرقاپ قالغىنىڭنى بىلىپ يول كۆرسەتمىدىمۇ؟② [7] سېنىڭ يوقسۇللۇقۇڭنى بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟③ [8] (شۇڭا سەنمۇ) يېتىمغا قوپاللىق قىلما④ [9]. تىلەمچىنى*

***سىلكىشلىمە⑤ [10]. رەببىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ تۇرغىن (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)⑥ [11].***

① يەنى سەن ئاتىنىڭ ھىمايىسىدىن مەھرۇم ئىدىڭ، رەببىڭ سېنى ھىمايە قىلدى ۋە ئاسرىدى.

② سەن دىن، شەرىئەت ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، رەببىڭ سېنى توغرا يولغا يېتەكلىدى، ساڭا پەيغەمبەرلىك ۋە كىتاب ئاتا قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سەن ھىدايەتتىن يىراقتا ئىدىڭ.

③ يەنى باي قىلدى، ئۇ سېنى ئۆزىدىن باشقىغا موھتاج قىلمىدى، شۇڭا سەن پېقىرلىقتا چىدامچان، بايلىقتا شۈكۈر قىلغۇچى بولۇپ ياشىدىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى مۇنداق تەلىم بەرگەن: «بايلىق – پۇل-مالنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ توق بولغانلىقىدۇر». (سەھىھ مۇسلىم 1051-ھەدىس)

④ يېتىمغا سىلىق ۋە يۇمشاق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغىن.

⑤ يەنى سائىلغا، تىلەمچىگە قوپاللىق ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلما! تىللىما، ئازار بەرمە! ھەتتا جاۋاب بەرگەندىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن چىرايلىقچە جاۋاب بەرگىن.

⑥ يەنى رەببىڭ ساڭا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلدى. مەسىلەن: ھىدايەت ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدى، يېتىم ئىدىڭ، سېنى كاپالەتكە ئالىدىغان ھامىي ۋە قوللىغۇچى ئورۇنلاشتۇردى، ساڭا قانائەت ئاتا قىلدى ۋە باشقىلاردىن بىھاجەت قىلدى. بۇ نېمەتلەرنى قىزغىنلىق ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن ئىزھار قىلىپ تۇرغىن، بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەپ، سۆزلەپ تۇرۇش ۋە ئىزھار قىلىش ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلاردىندۇر. ئەمما تەكەببۇرلۇق ۋە پەخىرلىنىش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ پەزلى-كەرىمى ۋە نېمەتلىرىگە بولغان قەرزدارلىقنى ئېتىراپ قىلىش يۈزىسىدىن، بۇ نېمەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ھالدا، ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن قورقۇپ تۇرۇپ ياد ئېتىش ۋە سۆزلەپ تۇرۇش كېرەك.

# سۈرە ئىنشىراھ

| (94) سۈرە ئىنشىراھ مەككىدە چۈشكەن 8 ئايەت | (94) سورة الإنشراح مكية 8 آية |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

أَلَمْ نَشْرَحْ لَكَ صَدْرَكَ ۝١

*(ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ كۆكسىڭنى (ھىدايەت، ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە ئىسلام ئۈچۈن ئېچىپ) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟① [1]*

① ئالدىنقى سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان ئۈچ نېمەت تىلغا ئېلىنغان ئىدى. بۇ سۈرىدە ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۈچ نېمەت تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بىرىنچىسى كۆكسىنى كەڭ قىلغانلىقىدۇر. دېمەك ھەقنى تونۇشۇڭ ۋە قوبۇل قىلىشىڭ ئۈچۈن، بىز قەلبىڭنى نۇرلاندۇرۇپ، كەڭ قىلدۇق. بۇ ئۇقۇم يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)﴾. (سۈرە ئەنئام 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنى ئۇ ئىسلامنى ھەق دىن سۈپىتىدە تونۇيدۇ ھەم قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يەردىكى كۆكسىنى كەڭ قىلىشقا سەھىھ ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكسىنىڭ ئىككى قېتىم يېرىلغانلىقىمۇ كىرىدۇ.

بىرىنچى قېتىمقىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت ياش چېغىدا جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئۇنىڭ كۆكسىنى يارغان، ھەربىر ئىنساندا بولىدىغان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، يۈرىكىنى يۇيۇپ-تازىلاپ، جايىغا سېلىپ قويغان. (سەھىھ مۇسلىم 261-ھەدىس)

ئىككىنچى قېتىمقىسى، مىراجدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكسى يېرىلىپ، زەمزەم سۈيى بىلەن يۇيۇلغان. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىمان ۋە ھېكمەت بىلەن تولدۇرۇلۇپ، ئۆز جايىغا سېلىپ قويۇلغان. (سەھىھۇل بۇخارى 349-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 261-ھەدىس)

وَوَضَعۡنَا عَنكَ وِزۡرَكَ ۝٢ ٱلَّذِيٓ أَنقَضَ ظَهۡرَكَ ۝٣ وَرَفَعۡنَا لَكَ ذِكۡرَكَ ۝٤ فَإِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا ۝٥ إِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا ۝٦ فَإِذَا فَرَغۡتَ فَٱنصَبۡ ۝٧ وَإِلَىٰ رَبِّكَ فَٱرۡغَب ۝٨

***سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكۈڭنى سەندىن ئېلىۋەتمىدۇقمۇ؟① [2-3]. سېنىڭ شان-شۆھرىتىڭنى يۇقىرى قىلمىدۇقمۇ؟② [4]. ئەلۋەتتە ھەربىر مۈشكۈللۈك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار [5]. ئەلۋەتتە ھەربىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئوڭايلىق بار③ [6]. (ئىشلىرىڭدىن) بىكار بولغان ھامان ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلگىن④ [7]. رەببىڭگە يۈزلەنگىن⑤ [8].***

① ﴿وِزۡرَكَ﴾ «يۈكۈڭنى» دېگەندىن سۈرە فەتھنىڭ 2-ئايىتىدىكى: ﴿ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن﴾ دېگەنگە ئوخشاش ئىلگىرىكى «گۇناھىڭنى» كەچۈرۈم قىلدۇق دېگەن مەنىمۇ چىقىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردىكى «يۈك» پەيغەمبەرلىك يۈكى بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا يەڭگىللىتىپ بەرگەن. يەنى دەۋەت ۋە تەبلىغ قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن. بۇ يولنىڭ مۈشكۈللۈكلىرىگە ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك چىدامچانلىق ئاتا قىلغان، دەپ قارايدۇ.

② قەيەردە ئاللاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا، شۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەزاندا، نامازدا

ۋە باشقا ئورۇنلاردا. ئىلگىرىكى كىتابلاردىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى تەپسىلىي تىلغا ئېلىنغان. پەرىشتىلەرمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا سالام يوللاپ تۇرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىبادەت قىلغانغا ئوخشاش دەپ كۆرسەتكەن ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپ دەلىللەر ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ساھابە-كىراملارغا بېرىلگەن خۇش خەۋەردۇر. يەنى سىلەر ئىسلام يولىدا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىۋاتىسىلەر، شۇڭا ئەندىشە قىلىشىڭلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ قىيىنچىلىقلاردىن كېيىنلا ئاللاھ سىلەرگە ئوڭايلىق، ئاسايىشلىق ۋە پاراغەت ئاتا قىلىدۇ. ھەقىقەتتە شۇنداق بولدى، بۇنى پۈتۈن دۇنيا كۆردى.

④ يەنى مەجبۇرىيەتلىرىڭدىن، نامازدىن، دەۋەتتىن ياكى جىھادتىن بوشىغاندا كۆپ دۇئا قىلىشقا كىرىشكىن. يەنە بىر مەنىسى، ھېرىپ-چارچاپ كەتكىچە ئىبادەت قىلغىن.

⑤ يەنى ئۇنىڭدىن جەننەتنى تىلىگىن، ھاجەتلىرىڭنى ئۇنىڭدىن سورىغىن، ھەممە ئىشىڭدا ئۇنىڭغا تايانغىن ۋە ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلغىن.

# سۈرە تىين

| (٩٥) سورة التين مكية ٨ آية | (95) سۈرە تىين مەككىدە چۈشكەن 8 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلتِّينِ وَٱلزَّيْتُونِ ۝١ وَطُورِ سِينِينَ ۝٢ وَهَٰذَا ٱلْبَلَدِ ٱلْأَمِينِ ۝٣
لَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ فِىٓ أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ ۝٤

***ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەم قىلىمەنكى [1]، تۇرسىنا تېغى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [2]، بۇ تىنچ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى② [3]، بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق③ [4].***

① بۇ ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشكەن تۇر تېغىدۇر، ئۇ «تۇرسىنا، تۇرسىينىين» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

② «تىنچ شەھەر» مەككە مۇكەررەمەنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەھەردە ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت يوق. بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر ئاللاھدىلىكى شۇكى، كىمكى ئۇ شەھەرگە كىرسە، ئۇمۇ ئەمىن بولىدۇ، تىنچ-ئامانلىقتا ئېرىشىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ قەسەم ئەسلىدە ئۈچ ئورۇن بىلەن قىلىنغان قەسەمدۇر، ئاللاھ

تائالا بۇ ئۈچ ئورۇننىڭ ھەربىرىگە ئايرىم شەرىئەت بىلەن بىردىن ئىرادىلىك پەيغەمبەر ئەۋەتكەن. ئۇ ئورۇنلارنىڭ بىرىنچىسى: ئەنجۈر بىلەن زەيتۇن ماكانى بولغان بەيتۇلمۇقەددەستۇر. ئاللاھ تائالا ئۇ شەھەرگە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئىككىنچىسى: تۇرسىنا (سەينا، سىينىين دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تۇر تېغى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ تاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغان. ئۈچىنچىسى: تىنچ شەھەر مەككە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ شەھەرگە پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

③ بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى قەسەملەرنىڭ جاۋابىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەربىر مەخلۇقنى ئاغزى تۆۋەنگە قاراپ تۇرىدىغان قىلىپ ياراتتى. پەقەت ئىنساننى قوللىرى بىلەن يەپ-ئىچىدىغان تۈز ۋە قامەتلىك قىلىپ ياراتتى. ئۇنىڭ ئەزالىرىنى بىر-بىرىگە ماسلاشقان ۋە خالىغانچە قولاي ھەرىكەت قىلالايدىغان قىلدى. ھايۋانلارغا ئوخشاش بارماقلىرىنىڭ ئارىسى يىملاغلىق (پۇتۇك) قىلمىدى. ھەر مۇھىم ئەزانى ئىككىدىن-ئىككىدىن ياراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا مۇناسىپ پاسىل قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەقىل-ئىدراك، تەپەككۇر، ئاڭ، ھېكمەت ۋە ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارى ئاتا قىلدى. ئىنساندىكى بارلىق خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر ئاللاھ تائالا ئۈچ قەسەمدىن كېيىن تىلغا ئالغان ﴿بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئۇقۇمىدا تېپىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

ثُمَّ رَدَدۡنَٰهُ أَسۡفَلَ سَٰفِلِينَ ٥ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونٖ ٦ فَمَا يُكَذِّبُكَ بَعۡدُ بِٱلدِّينِ ٧ أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَحۡكَمِ ٱلۡحَٰكِمِينَ ٨

***ئاندىن ئۇنى (ھالىنى ئۆزگەرتىپ تەدرىجىي) تۆۋەن بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنىگە قايتۇردۇق① [5]. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلارغا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئەجىر بار② [6]. (ئى ئىنسان!) بۇنىڭدىن كېيىن***

***(يەنى بۇنچە ئوپئوچۇق دەلىللەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن)، سېنىڭ جازا كۈننى ئىنكار قىلىشىڭغا سەۋەب بولغان نەرسە نېمە؟③ [7]. ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئادالەتلىكى ئەمەسمۇ؟④ [8].***

① بۇ ئايەت ئىنساننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئەڭ ناچار (قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلىقىغا ئىشارە قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ياشلىقتىكى كۈچ-قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا قېرىلىق ۋە ماغدۇرسىزلىق يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ ئاجىزلاپ، ئوي-پىكرى ۋە گەپ-سۆزلىرى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەت ئىنساننىڭ مىجەز-خاراكتېر ۋە ئىستىل جەھەتتىمۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقى، ھەتتا كىچىك بالىلاردىنمۇ بەكرەك بەغەرەز ھالەتكە قايتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن جەھەننەمدە كاپىرلارغا تەييارلانغان خار قىلغۇچى ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ ئالىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ تەرجىمىسى: ﴿ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن دوزاخنىڭ) ئەڭ تۆۋىنىگە قايتۇردۇق﴾ دېگەن بولىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئىتائىتىدىن چەتنەش ئارقىلىق، ئۆزىنى «ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىلغان» شەرەپلىك مەرتىۋىدىن ﴿أَسْفَلَ سَافِلِينَ﴾ «دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋىنىگە» چۈشۈرىۋالىدۇ.

② ئالدىدىكى ئايەتنىڭ بىرىنچى ئۇقۇمىغا ئاساسەن بۇ ئايەت مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن بايان جۈملە ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئۇقۇمىغا ئاساسەن ئالدىدىكى ئايەتنى تەكىتلەپ كەلگەن بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەر دوزاخقا قايتىدىغانلاردىن مۇستەسنا قىلىندى. (فەتھۇلقەدىر)

③ بۇ ئىنسانغا كايىش ۋە ئۇنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن قىلىنغان خىتابتۇر. (ئى ئىنسان!) ئاللاھ سېنى خارلىنىدىغان ئەڭ تۆۋەن ماكانغا چۈشۈرۈشكە قادىر تۇرۇپ، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان زاتتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشمۇ ھېچ مۇشكۈل ئەمەس تۇرسا، سەن نېمىگە ئاساسەن جازا كۈننى ئىنكار قىلىسەن؟

④ ئاللاھ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئەڭ ئادىل زاتتۇر. ئۇنىڭ ئادالىتى قىيامەتنى كەلتۈرۈپ، دۇنيادا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى ئادالەتكە ئېرىشتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. بىر زەئىپ ھەدىستە بۇ ئايەتنىڭ جاۋابىغا مۇنداق دېيىش نەقىل قىلىنغان: «ئەلۋەتتە شۇنداق، مەن ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىلاردىنمەن». (سۇنەنى تىرمىزى 3347-ھەدىس)

# سۈرە ئەلەق

| (٩٦) سورة العلق مكية ١٩ آية | (96) سۈرە ئەلەق مەككىدە چۈشكەن 19 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱقْرَأْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلَّذِى خَلَقَ ﴿١﴾ خَلَقَ ٱلْإِنسَٰنَ مِنْ عَلَقٍ ﴿٢﴾ ٱقْرَأْ
وَرَبُّكَ ٱلْأَكْرَمُ ﴿٣﴾ ٱلَّذِى عَلَّمَ بِٱلْقَلَمِ ﴿٤﴾ عَلَّمَ ٱلْإِنسَٰنَ مَا لَمْ
يَعْلَمْ ﴿٥﴾ كَلَّآ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَيَطْغَىٰٓ ﴿٦﴾ أَن رَّءَاهُ ٱسْتَغْنَىٰٓ ﴿٧﴾ إِنَّ إِلَىٰ
رَبِّكَ ٱلرُّجْعَىٰٓ ﴿٨﴾ أَرَءَيْتَ ٱلَّذِى يَنْهَىٰ ﴿٩﴾ عَبْدًا إِذَا صَلَّىٰٓ ﴿١٠﴾ أَرَءَيْتَ
إِن كَانَ عَلَى ٱلْهُدَىٰٓ ﴿١١﴾

***ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن① [1]. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى② [2]. سەن ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر③ [3]. ئۇ ئىنسانغا قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى④ [4]. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى [5]. ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ بىيىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندا (ئاللاھقا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ) چوقۇم ھەددىدىن ئاشىدۇ [7 ـ 6]. (ئى ئىنسان!) شەكسىزكى، سېنىڭ بارىدىغان جايىڭ رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن) [8]. (ئى پەيغەمبەر!) ناماز ئوقۇۋاتقان بىر***

***بەندىنى توسقان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟⑤ [9 ـ 10] دەپ باققىنە، ئەگەر ئۇ (ناماز ئوقۇغۇچى بەندە) توغرا يولدا بولغان⑥ [11]***

① بۇ تۇنجى قېتىم چۈشكەن ۋەھىيدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا ئىبادەت قىلىۋاتقان چاغدا بىر پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئوقۇغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئوقۇيالايدىغان كىشى ئەمەسمەن» دېدى. پەرىشتە ئۇنى تۇتۇپ قاتتىق بىر سىقىپ قويۇۋەتتى ـ دە، يەنە: «ئوقۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئوخشاش جاۋاب بەردى. مۇشۇ تەرىقىدە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈچ قېتىم سىقتى. (ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن سەھىھۇل بۇخارى 3ـ ھەدىس ۋە سەھىھ مۇسلىم 160ـ ھەدىسكە قارالسۇن)

② ئاللاھ بارلىق مەخلۇقلار ئىچىدىن ئىنساننى ياراتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. بۇ ئىنساننىڭ شان ـ شەرىپىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇ ئىككىنچى «ئوقۇغىن» تەكىتلەش ئۈچۈن تەكرارلانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن ئوقۇيالايدىغان كىشى ئەمەسمەن» دېگەن ئۆزرىسىنى پاساھەتلىك ئۇسۇلدا رەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا دېدىكى: «ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر» يەنى ئىنسانلارنىڭ كەمچىلىك ـ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش ئۇنىڭ خاس سۈپىتىدۇر.

④ " قَلَمٌ " نىڭ مەنىسى قەلەمچە دېگەندەك كەسمەك، تاراشلىماق دېمەكتۇر. قەلەمتىراچ دېگەنگە ئوخشاش قەلەم ئىلگىرىكى زامانلاردا كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەت يازىدىغان ئەسۋاپمۇ قەلەم دەپ ئاتالغان. ھاسىل قىلىنغان ئىلىمنىڭ بەزىسى ئىنساننىڭ زېھنىدە ساقلىنىدۇ، بەزىسى تىل بىلەن ئىزھار قىلىنىدۇ. يەنە بەزىسى قەلەم بىلەن قەغەزگە يېزىلىدۇ. ئىنساننىڭ زېھنى ۋە خاتىرىسىدە ساقلانغان ئىلىم ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىپ قالىدۇ. تىل بىلەن ئىزھار قىلغان نەرسىمۇ ساقلىنىپ قالمايدۇ. ئەلۋەتتە قەلەم بىلەن يېزىلغان نەرسە، يوقۇلۇپ كەتمىسىلا، داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدۇ. قەلەمنىڭ خاسىيىتى بىلەن بارلىق ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىلگىرىكىلەرنىڭ تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلىم خەزىنىلىرى ساقلىنىپ قالدى. ھەتتا ساماۋى كىتابلارمۇ قەلەم ئارقىلىق يېزىلىپ ساقلانغان. بۇنىڭدىن قەلەمنىڭ

ئەھمىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ھەممىدىن بۇرۇن قەلەمنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى يېزىشقا ئەمر قىلدى.

⑤ مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: «توسقان ئادەم» دېگەندە ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئەبۇ جەھىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿عَبۡدًا﴾ «بەندىنى» دېگەندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑥ يەنى ناماز ئوقۇشتىن توسۇلغان ئادەم توغرا يولدا بولغان بولسىچۇ؟

أَوۡ أَمَرَ بِٱلتَّقۡوَىٰٓ ﴿١٢﴾ أَرَءَيۡتَ إِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰٓ ﴿١٣﴾ أَلَمۡ يَعۡلَم بِأَنَّ ٱللَّهَ
يَرَىٰ ﴿١٤﴾ كَلَّا لَئِن لَّمۡ يَنتَهِ لَنَسۡفَعَۢا بِٱلنَّاصِيَةِ ﴿١٥﴾ نَاصِيَةٖ كَٰذِبَةٍ
خَاطِئَةٖ ﴿١٦﴾ فَلۡيَدۡعُ نَادِيَهُۥ ﴿١٧﴾ سَنَدۡعُ ٱلزَّبَانِيَةَ ﴿١٨﴾ كَلَّا لَا تُطِعۡهُ
وَٱسۡجُدۡ وَٱقۡتَرِب ۩ ﴿١٩﴾

***ياكى (كىشىلەرنى) تەقۋادارلىققا بۇيرۇغان بىرى بولسىچۇ؟① [12] دەپ باققىنە، ئەگەر ئۇ (توسقۇچى) ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ۋە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتقان بىرى بولسىچۇ؟② [13] ئۇ ئاللاھنىڭ (ھەممىنى) كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟③ [14] ياق (ئىش ھەرگىز ئۇ گۇناھكار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئۇ بۇ قىلمىشلىرىدىن يانسۇن) ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، بىز چوقۇم (ئۇنىڭ) كوكۇلىسىدىن④ — يالغانچى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى كوكۇلىدىن⑤ تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز [16 ـ 15]. ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە) چاقىرىپ باقسۇن! [17] بىزمۇ زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قول پەرىشتىلىرى) نى چاقىرىمىز⑥ [18]. ياق (ئىش ھەرگىز ئۇ گۇناھكار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇنىڭغا بويسۇنمىغىن، (ئاللاھقا) سەجدە قىلغىن (يەنى نامازنى داۋاملاشتۇرغىن) ۋە (بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن [19].***

① يەنى ئىخلاس، تەقۋا ۋە ياخشى ئەمەلنى تەلىم بېرىش ئارقىلىق

ئىنسان جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ئامان قالىدۇ. مەزكۇر ئىشلار يەنى ناماز ئوقۇش ۋە تەقۋادارلىقنى تەلىم بېرىش قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارمۇ؟ بۇ ئىشلارنى تەلىم بەرگۈچىگە تەھدىت سېلىش توغرا بولامدۇ؟

② يەنى ئۇ توسقۇچى ئادەم ئەبۇ جەھىل ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈگەن بىرى بولسىچۇ؟ دەپ باققىنە، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى توغرا بولامدۇ؟ ئۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمامدۇ؟ ﴿أَرَءَيۡتَ﴾ دېگەن " أَخْبِرْنِيْ " دەپ باققىنە، ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ دېگەن مەنىدە.

③ دېمەك مەزكۇر ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى جازالايدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟ بۇ جۈملە يۇقىرىدىكى شەرتلەرنىڭ جاۋابىدۇر. تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

④ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشتىن، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن ۋە ئۇنى نامازدىن توسۇشتىن يانمىسا ﴿لَنَسۡفَعَۢا﴾ يەنى " لَنَأْخُذَنَّ " بىز ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ، سۆرەيمىز. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئەبۇجەھىل: «مەن مۇھەممەدنى كەئبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا كۆرۈپ قالسام، چوقۇم ئۇنىڭ گەدىنىگە دەسسەيمەن»، دېگەن ئىدى. بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە: «ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلغان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرەتتى» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4958 ـ ھەدىس)

⑤ بۇ يەردىكى كوكۇلىنىڭ سۈپەتلىرى كۆچمە مەنىدە كەلگەن بولۇپ، گەپ ـ سۆزىدە يالغانچى، ئىش ـ ھەرىكىتىدە خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى گۇناھكار كوكۇلا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەسلىدە كوكۇلا ئىگىسىنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. يەنى «بىز چوقۇم (ئۇنداق) يالغانچى، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ دوزاخقا سورەيمىز» دېگەن بولىدۇ.

⑥ يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماقامى ئىبراھىمنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى. ئەبۇ جەھىل بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد!

مەن سېنى بۇ يەردە ناماز ئوقۇشتىن توسمىغانمىدىم؟ دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سالدى ۋە قاتتىق سۆزلەرنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگەندە، ئۇ: ئى مۇھەممەد! سەن مېنى قورقۇتماقچى بولۇۋاتامسەن؟ مەن دېگەن بۇ يەرنىڭ ئەڭ جەمەتلىك ئادىمى، مېنىڭ ھىمايىچىلىرىم ئەڭ كۆپ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر ئۇ جەمەتىنى ۋە ھىمايىچىلىرىنى چاقىرغان بولسا، ئازاب پەرىشتىلىرى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى ھالاك قىلىۋەتكەن بولاتتى، دېدى. (سۈنەنى تىرمىزى 3349-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 1-توم، 329-بەت) سەھىھ مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: ئەبۇجەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان يەرگە كېلىپ، بوينىغا دەسسىمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ تۇيۇقسىز كەينىگە داجىپ، خۇددى قولى بىلەن ئۆزىنى بىرەر نەرسىدىن قوغداۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلغىلى تۇردى. مۇشرىكلار ئۇنىڭدىن: ساڭا نېمە بولدى؟ دەپ سوراشتى. ئۇ: مۇھەممەد بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا ئوتتىن بىر خەندەك، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ۋە قاناتلار بار، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ ماڭا يېقىنلاشقان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئەزالىرىنى پارچە - پارچە قىلىپ، تېنىدىن يۇلۇپ چىقىرىۋەتكەن بولاتتى» دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 2797-ھەدىس) ﴿الزَّبَانِيَةَ﴾ قاتتىق قول قاراۋۇللار، يەنى ھېچكىم قارشى تۇرالمايدىغان كۈچلۈك قوشۇن دېگەن مەنىدە.

# سۈرە قەدر

| (٩٧) سورة القدر مكية ٥ آية | (97) سۈرە قەدر مەككىدە چۈشكەن 5 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِنَّآ أَنزَلْنَٰهُ فِى لَيْلَةِ ٱلْقَدْرِ ① وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا لَيْلَةُ ٱلْقَدْرِ ②

***شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز قۇرئاننى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق① [1]. قەدر كېچىسىنىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟② [2]***

★ بۇ سۈرىنىڭ مەككىدە ياكى مەدىنىدە چۈشكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. ئۇنىڭ سۈرە قەدر دەپ ئاتىلىش سەۋەبىدىمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇت. " قَدْرٌ "نىڭ مەنىسى، بىر نەرسىنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە ئورنى دېمەكتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇ قەدر كېچىسى، قەدىرلىك كېچە دەپ ئاتالغان. " قَدْرٌ "نىڭ يەنە بىر مەنىسى، تەقدىر قىلماق، قارار چىقارماق دېمەكتۇر. چۈنكى، ئۇ كېچىدە پۈتۈن بىر يىللىق ئىشلار ھەققىدە قارار چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كېچە قارار ۋە ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كېچە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. " قَدْرٌ "نىڭ يەنە تار دېگەن مەنىسىمۇ بار. چۈنكى، بۇ كېچىدە زېمىنغا شۇ قەدەر كۆپ پەرىشتىلەر چۈشىدۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن زېمىن تارلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا قەدر كېچە – تار كېچە دېگەن بولىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ «قەدر» دەپ ئاتىلىشتىكى سەۋەب،

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇ كېچىدە قىلىنغان ئىبادەتنىڭ قەدىر-قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ۋە ساۋابىنىڭ كاتتا بولغانلىقىدىندۇر. يۇقىرىدىكى مەنە ۋە سەۋەبلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇت. (فەتھۇلقەدىر (ھەدىسلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ تاق كېچىلىرىدىن بىر كېچىدە بولىدۇ. بۇنى مەخپىي قالدۇرۇشتىكى ھېكمەت ۋە مەقسەت، كىشىلەر تاق كېچىلەرنىڭ ھەممىدە، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ھاسىل قىلىش قىزغىنلىقىدا، ئىبادەت قىلىشۋالسۇن ئۈچۈندۇر.

① يەنى بىز قۇرئاننى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلىشقا باشلىدۇق. يەنە بىر مەنىسى، قۇرئاننى لەۋھۇلمەھپۇزدىن دۇنيا ئاسمىنىدىكى بەيتۇل ئىززەتكە بىراقلا چۈشۈردۇق. ئۇ يەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەر بويىچە چۈشۈرۈپ تۇردۇق. مۇشۇ تەرىقىدە ئاز-ئازدىن 23 يىلدا مۇكەممەل چۈشۈرۈپ بولدۇق. بۇ ئايەتتىن قەدىر كېچىسىنىڭ پەقەت رامىزاندىلا بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ نۇقتا ﴿قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان ئاي رامىزان ئېيىدۇر﴾ دېگەن سۈرە بەقەرە185 -ئايىتىدىن مەلۇمدۇر. يەنە سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنغان. (سەھىھۇل بۇخارى 2021-ھەدىس)

② بۇ يەردىكى سوئال جۈملە بۇ كېچىنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، مەخلۇقات ئۇنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىپ بولالمايدۇ، ئۇنى ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ.

لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ خَيۡرٞ مِّنۡ أَلۡفِ شَهۡرٖ ٣ تَنَزَّلُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ
فِيهَا بِإِذۡنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمۡرٖ ٤ سَلَٰمٌ هِيَ حَتَّىٰ مَطۡلَعِ ٱلۡفَجۡرِ ٥

*قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر① [3]. شۇ كېچىدە پەرىشتىلەر ۋە روھ (جىبرىل) رەببىنىڭ رۇخستى بىلەن (زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ② [4]. ئۇ تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي سالامغا (ئامانلىققا) تولغان كېچە بولىدۇ③ [5].*

① يەنى بۇ بىر كېچىدىكى ئىبادەت مىڭ ئايلىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر. مىڭ ئاي – 83 يىل 4 ئاي بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئام بولۇپ، چەكلىك ئۆمۈردە كۆپتىن-كۆپ ساۋاب ئېلىۋېلىشقا بېرىلگەن پۇرسەتتۇر.

② «روھ» دېگەندىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى پەرىشتىلەر بىلەن جىبرىل ئەلەيھىسسالام بۇ كېچىدە زېمىنغا چۈشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ يىل ئىچىدە ئىجرا قىلىشنى تەقدىر قىلغان ئىشلار ئۈچۈن ياكى ئاللاھ بەندىلىرىگە يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان ئۇلارنىڭ ئەجىلى، رىزقى ۋە بەرىكىتىگە ئالاقىدار ئىشلار ئۈچۈن چۈشىدۇ.

③ يەنى بۇ كېچىدە يامانلىق يوقتۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: سالام يەنى ئامانلىق-ئەمىنلىك بولغان كېچە دېگەنلىك بولۇپ، مۆئمىن بۇ كېچىدە شەيتاننىڭ شەررىدىن ئامان قالىدۇ. يەنە بىر مەنىسى: پەرىشتىلەر ئۇچرىغان بارلىق مۆئمىنلەرگە سالام قىلىدۇ ياكى پەرىشتىلەر ئۆزئارا بىر-بىرىگە سالام قىلىشىدۇ. قەدر كېچىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئوقۇشنى تەلىم بەرگەن: «ئى ئاللاھ! سەن كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرسەن، مەغپىرەت قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن». (سۈنەنى تىرمىزى 3513-ھەدىس، سۈنەنى ئىبنى ماجە 3850-ھەدىس)

# سۈرە بەييىنە

| (٩٨) سورة البينة مكية ٨ آية | (98) سۈرە بەييىنە مەككىدە چۈشكەن 8 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

لَمْ يَكُنِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ وَٱلْمُشْرِكِينَ مُنفَكِّينَ حَتَّىٰ تَأْتِيَهُمُ ٱلْبَيِّنَةُ ١

***ئەھلى كىتابتىن① ۋە مۇشرىكلاردىن② بولغان كاپىرلار ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىل كەلگەنگە قەدەر (كۇفرىدىن) ئايرىلغۇچى بولمىدى [1].***

★ بۇ سۈرىنىڭ يەنە بىر نامى " لَمْ يَكُنْ " دۇر. بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق ھەدىس بار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئاللاھ تائالا مېنى ساڭا سۈرە بەييىنەنى ئوقۇپ بېرىشىمنى بۇيرىدى» دېدى. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالدىمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەندە، (خۇشاللىقتىن) كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلدى. (سەھىھۇل بۇخارى 4959 ـ ھەدىس)

① «ئەھلى كىتاب» دېگەندىن يەھۇدىي ۋە ناسارالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② «مۇشرىكلار» دېگەندە ئەرەب ۋە ئەجەملەر ئىچىدىن ئوتقا ۋە بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿مُنفَكِّينَ﴾ ئايرىلغۇچى، ۋاز كەچكۈچى دېگەن مەنىدە. ﴿ٱلۡبَيِّنَةُ﴾ «ئوپئوچۇق دەلىل» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك يەھۇدىيلار، ناسارالار، ئەرەب ۋە ئەجەملەردىن بولغان مۇشرىكلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قۇرئاننى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ جاھالەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانغا قەدەر، شېرىكتىن ۋە كۇفرىدىن ۋاز كەچكۈچى بولمىدى.

رَسُولٞ مِّنَ ٱللَّهِ يَتۡلُواْ صُحُفٗا مُّطَهَّرَةٗ ﴿٢﴾ فِيهَا كُتُبٞ قَيِّمَةٞ ﴿٣﴾
وَمَا تَفَرَّقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ
ٱلۡبَيِّنَةُ ﴿٤﴾ وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ
وَيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ وَذَٰلِكَ دِينُ ٱلۡقَيِّمَةِ ﴿٥﴾

***(ئۇ ئوپئوچۇق دەلىل بولسا) پاك سەھىپىلەرنى① تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەردۇر② [2]. ئۇ سەھىپىلەر ئەڭ توغرا ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان③ [3]. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۇلارغا ئوپئوچۇق دەلىل كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن (ئىختىلاپ قىلىشىپ) پىرقىلەرگە ئايرىلدى④ [4]. ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت دىننى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا يۈزلەنگەن ھالدا⑤ (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدى⑥. ئەنە شۇ (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر⑦ [5].***

① يەنى قۇرئان كەرىم لەۋھۇلمەھپۇزدا پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر.

② يەنى ئۇ پەيغەمبەر بولسا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمدۇر.

③ بۇ يەردىكى ﴿كُتُبٞ﴾ دېگەندىن دىنىي ئەھكاملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

﴿قَيِّمَةٌ﴾ تۈز، توغرا ۋە مۆتىدىل دېگەن مەنىدە.

④ يەنى ئەھلى كىتاب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىتتىپاق ئىدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈندى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىمان ئېيتىپ مۇئمىن بولدى، ئەمما كۆپىنچىسى ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى «ئوپئوچۇق دەلىل» دەپ ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ئامىل شۇكى، ئۇنىڭ راستچىللىقى شۇ قەدەر روشەن بولۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ھېچقانداق ئىمكان يوق ئىدى. لېكىن، ئۇلار كاجلىقىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىپ ئۇنى ئىنكار قىلدى. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئەھلى كىتابنىڭ نامى تىلغا ئېلىندى. ۋەھالەنكى، ئىنكار قىلغانلار ئىچىدە باشقىلارمۇ بار ئىدى. چۈنكى، ئەھلى كىتاب ئىلىم ئەھلى ئىدى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بار ئىدى.

⑤ ﴿حُنَفَآءَ﴾ دېگەن " حَنِيفٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مايىل بولۇش، بىر تەرەپكە يۈزلىنىش دېگەن مەنىدە. يەنى خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك، شېرىكتىن قول ئۈزۈپ تەۋھىد تەرەپكە، بارلىق دىنلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئىسلام دىنى تەرەپكە يۈزلىنىش ۋە مايىل بولۇش دېمەكتۇر.

⑥ يەنى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا ئۇلارغا شۇنداق بۇيرۇلغان ئىدى.

⑦ ﴿الْقَيِّمَةِ﴾ جۈملىدىن قالدۇرۇلغان سۈپەتلەنگۈچىنىڭ سۈپىتى بولۇپ، " دِيْنُ الْمِلَّةِ الْقَيِّمَةِ أَيْ الْمُسْتَقِيْمَةِ " ياكى " الأُمَّةِ الْمُسْتَقِيْمَةِ الْمُعْتَدِلَةِ يەنى ئەنە شۇ توغرا ۋە مۆتىدىل يول تۇتقان مىللەت ۋە ئۈممەتنىڭ دىنىدۇر، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى ئەمەللەرنىڭ ئىمان دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) يەنى يۇقىرىدىكى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكات قاتارلىق ئەمەللەر ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئەنە شۇ توغرا دىندۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ فِي نَارِ جَهَنَّمَ
خَٰلِدِينَ فِيهَآۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ شَرُّ ٱلۡبَرِيَّةِ ٦ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ خَيۡرُ ٱلۡبَرِيَّةِ ٧ جَزَآؤُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ
جَنَّٰتُ عَدۡنٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ رَّضِيَ
ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُۚ ذَٰلِكَ لِمَنۡ خَشِيَ رَبَّهُۥ ٨

*شەكسىزكى، ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن كاپىر بولغانلار دوزاخ ئوتىدا بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر① [6]. شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ــ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر② [7]. ئۇلارنىڭ رەببىنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتى دائىملىق تۇرالغۇ بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ③، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ④. مانا بۇ پەقەتلا رەببىدىن قورققان كىشىلەر ئۈچۈندۇر⑤ [8].*

① مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە كىتابلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ جازاسىدۇر. شۇڭا، ئۇلار پۈتۈن مەخلۇقات ئىچىدىكى ئەڭ يامان ئادەملەر دەپ ھۆكۈم قىلىندى.

② يەنى چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلىغانلار ھەممە مەخلۇقاتتىن ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. مۇئمىن بەندىلەرنى شەرەپ ۋە پەزىلەتتە پەرىشتىلەردىن ئەۋزەل دەيدىغان ئالىملارنىڭ بىر دەلىلى مۇشۇ ئايەتتۇر. ﴿ٱلۡبَرِيَّةِ﴾ دېگەن سۆز " بَرَأَ " دېگەن پېئىلدىن كەلگەن بولۇپ، " خَلَقَ " (ياراتتى) بىلەن مەنىداشتۇر. ئاللاھنىڭ ﴿البَارِئُ﴾ دېگەن سۈپىتىمۇ شۇنىڭدىن تۈرلىنىپ چىققان.

③ ئۇلار ئىمانى، تائەت-ئىبادەتلىرى ۋە ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ. ﴿وَرِضۡوَٰنٞ مِّنَ ٱللَّهِ أَكۡبَرُ﴾ «ئاللاھنىڭ (ئۇلاردىن) رازى بولۇشى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ) ئەڭ كاتتىسىدۇر». (سۈرە تەۋبە 72-ئايەت)

④ چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى روھ ۋە جىسىم، ھەر ئىككىسىنىڭ بەخت-سائادىتى ھاسىل بولىدىغان نېمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى.

⑤ يەنى بۇ مۇكاپات ۋە رازىلىق دۇنيادا ئاللاھتىن قورقۇپ ياشىغان ۋە شۇ قورقۇنچ سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ناپەرمانلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ تۇرغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. گاھىدا ئىنسانچىلىقتا كەمچىلىك-خاتالىق سادىر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، دەرھال تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلغان، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ھالدا ئەمەس، بەلكى ئىتائەت قىلغان ھالدا ۋاپات بولغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. دېمەك، رەببىدىن قورقىدىغانلار گۇناھ-مەئسىيەتتە چىڭ تۇرىۋالمايدۇ ھەم ئۇنى داۋاملاشتۇرمايدۇ. كىمكى گۇناھ-مەئسىيەتتە چىڭ تۇرىۋالىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتتە رەببىدىن قورقمىغان بولىدۇ.

# سۈرە زىلزال

| | |
|---|---|
| (٩٩) سورة الزلزال مدنية ٨ آية | (99) سۈرە زىلزال مەدىنىدە چۈشكەن 8 ئايەت |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِذَا زُلْزِلَتِ ٱلْأَرْضُ زِلْزَالَهَا ﴿١﴾ وَأَخْرَجَتِ ٱلْأَرْضُ أَثْقَالَهَا ﴿٢﴾ وَقَالَ
ٱلْإِنسَٰنُ مَا لَهَا ﴿٣﴾ يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَا ﴿٤﴾ بِأَنَّ رَبَّكَ أَوْحَىٰ
لَهَا ﴿٥﴾ يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ ٱلنَّاسُ أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا۟ أَعْمَٰلَهُمْ ﴿٦﴾ فَمَن
يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُۥ ﴿٧﴾ وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا
يَرَهُۥ ﴿٨﴾

***زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن چاغدا① [1]، زېمىن (قويىندىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر، ئۆتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغان چاغدا② [2]، (بۇنى كۆرگەن) ئىنسان: «بۇ زېمىنغا نېمە بولغاندۇ؟» دەپ قالغان چاغدا③ [3]، بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان ياخشى ـ يامان ئىشلارنى) سۆزلەيدۇ④ [4]. (ئۇنىڭ سۆزلىشى) رەببىنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر⑤ [5]. بۇ كۈندە كىشىلەر (ھېساب مەيدانىدىن) خىلمۇخىل گۇرۇھلار ھالىتىدە (توپ ـ توپ بولۇپ) قايتىدۇ⑥، بۇ ئۇلارغا ئۆز ئەمەللىرىنىڭ (نەتىجىسىنىڭ)***

***كۆرستىلىشى ئۇچۇن بولىدۇ⑦ [6]. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ⑧ [7]. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ⑨ [8].***

★بۇ سۈرىنىڭ مەككىدە ياكى مەدىنىدە چۈشكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بىر نەچچە رىۋايەتلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سەھىھ ئەمەس.

① ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، قاتتىق تەۋرەشتىن پۈتۈن زېمىن لەرزىگە كېلىدۇ، ھەممە نەرسە پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ، بۇ زىلزىلە بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا بولىدۇ.

② يەنى زېمىنغا قانچىلىك ئىنسان دەپنە قىلىنغان بولسا، ئۇ زېمىنغا يۈك بولۇپ تۇرىدۇ، زېمىن ئۇلارنىڭ ھەممىنى قىيامەت كۈنى سىرتقا چىقىرىپ تاشلايدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بارلىق ئۆلۈكلەر تىرىلىپ سىرتقا چىقىدۇ. بۇ تىرىلىش ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭدەك زېمىن ئاستىدىكى بايلىقلارمۇ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ.

③ يەنى ئىنسان قاتتىق قورققانلىقتىن دەيدۇكى: زېمىنغا نېمە بولغاندۇ؟ نېمە ئۇچۇن بۇنداق تەۋرەيدىغاندۇ؟ باغرىدىكى خەزىنىلەرنى نېمە ئۇچۇن سىرتقا چىقىرىۋېتىدىغاندۇ؟

④ بۇ جۈملە يۇقىرىدىكى شەرتلەرنىڭ جاۋابىدۇر. بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق ھەدىس بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇپ، ساھابىلەردىن: «ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ قانداق خەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى بىلىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ خەۋەرلىرى بولسا، ھەربىر ئەر ياكى ئايالنىڭ زېمىن ئۈستىدە قىلغان قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىپ: پالان شەخس پالان كۈنى پالانى ئىشنى قىلغان ئىدى، دەيدۇ. مانا بۇ زېمىنىنىڭ خەۋەرلىرىدۇر» دېدى. (سۈنەنى تىرمىزى 3353-ھەدىس، مۇسنەدى ئەھمەد 2-توم، 374-بەت)

⑤ يەنى زېمىنغا بۇ سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئاللاھ ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا

بۇ ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ ئەزالىرىغا سۆزلەش ئىقتىدارى ئاتا قىلغاندەك، زېمىنغىمۇ سۆزلەش ئىقتىدارى ئاتا قىلىدۇ. زېمىن ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن سۆزلەيدۇ.

⑥ ﴿يَصْدُرُ﴾ " يَرْجِعُ " «قايتىدۇ» دېگەن «كېلىدۇ» بىلەن قارىمۇقارشى مەنىدىكى پېئىلدۇر. يەنى ئىنسانلار قەبرىلەردىن چىقىپ، ھېساب مەيدانى تەرەپكە ياكى ھېسابتىن كېيىن، جەننەت ۋە دوزاخ تەرەپكە قايتىدۇ. ﴿أَشْتَاتًا﴾ تارقاق، يەنى ئىنسانلار توپ-توپ بولۇپ تارىلىدۇ، بۇ توپلارنىڭ بەزىلىرى قورقۇنچسىز، بەزىلىرى قورقۇپ ماڭىدۇ. بەزىلەرنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ، بۇ جەننەتىيلەرنىڭ بەلگىسىدۇر. بەزىلەرنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ، بۇ دوزىخىيلەرنىڭ ئالامىتىدۇر. بەزىلەر ئوڭ تەرەپكە يۈزلەنگەن، بەزىلەر سول تەرەپكە يۈزلەنگەن بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى، ئەمەللىرى ۋە تۇتقان يوللىرىغا ئاساسەن ھەر خىل توپ ۋە گۇرۇھلارغا ئايرىلىدۇ.

⑦ بۇ ئىبارە ﴿بۇ كۈندە كىشىلەر (ھېساب مەيداندىن) خىلمۇخىل گۇرۇھلار ھالىتىدە (توپ - توپ بولۇپ) قايتىدۇ﴾ دېگەن جۈملە بىلەن ياكى يۇقىرىدىكى ﴿(ئۇنىڭ سۆزلىشى) رەببىنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر﴾ دېگەن جۈملە بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنى زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىنسانلارغا قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرستىش ئۈچۈن سۆزلەيدۇ.

⑧ ئۇ ئۆز ئەمىلىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرگەندە خۇرسەن بولىدۇ.

⑨ ئۇ قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە ھەسرەت چېكىدۇ. ﴿ذَرَّةٍ﴾ زەررە-بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، چۈمۈلىدىنمۇ كىچىك نەرسىنى كۆرستىدۇ. بەزى لۇغەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان زېمىنغا قولى بىلەن ئۇرسا، ئۇنىڭدىن قولىغا چاپلىشىپ چىققان توپا زەررە دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن كىرگەن كۈنىنىڭ شولىسىدا كۆرۈنىدىغان چاڭ-توزان زەررە دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن، ئىمام شەۋكانى بىرىنچى مەنىنى ئەڭ توغرا دەپ قارايدۇ. ئىمام مۇقاتىل مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئىككى ئادەم ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: تىلەمچىگە كىچىككىنە بىر تال خورما سەدىقە بېرىشتىنمۇ بېخىللىق قىلاتتى. ئىككىنچىسى: كىچىك گۇناھلارنى سادىر قىلىشتا ھېچ قورقۇنچ ھېس قىلمايتتى. (فەتھۇلقەدىر)

# سۈرە مۇلك

| (١٠٠) سورة العديت مكية ١١ آية | (100) سۈرە ئادىيات مەككىدە چۈشكەن 11 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلْعَـٰدِيَـٰتِ ضَبْحًا ﴿١﴾ فَٱلْمُورِيَـٰتِ قَدْحًا ﴿٢﴾ فَٱلْمُغِيرَٰتِ صُبْحًا ﴿٣﴾

(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ (كىشنەپ) تېز چاپقۇچى① ، (قاتتىق يەرگە ئۇرۇلغاندا) تۇياقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى② ، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى③ ،

① ﴿الْعٰدِيٰتِ﴾ " عَادِيَةُ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى " عَدْوٌ " دۇر. بۇ " غَزْوٌ "نىڭ " غَازِيَاتٌ " قىلىنىپ كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلغىنىدەك، «و» ھەرپى «ي» ھەرپىگە ئۆزگەرتىلىپ كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلغان. مەنىسى، غازاتتا تېز چاپىدىغان ئاتلار دېمەكتۇر. ﴿ضَبْحًا﴾ نىڭ بىر مەنىسى، ھاسىرىماق، يەنە بىر مەنىسى، كىشنىمەك. دېمەك بۇ جىھاد مەيدانىدا ھاسىراپ ياكى كىشنەپ تۇرۇپ دۈشمەن تەرەپكە تېز چاپقۇچى ئاتلارنى كۆرسىتىدۇ.

② ﴿الْمُوْرِيٰتِ﴾ ئەسلىدە " إِيْرَاءٌ "دىن تۇرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، ئوت چىقارغۇچى دېگەن مەنىدە. ﴿قَدْحًا﴾ " صَكٌّ " ماڭغاندا تۇياقلىرىنى

ياكى تاقىلىرىنى بىر-بىرىگە سۈركەپ ياكى يەرگە ئۇرۇپ مېڭىش. "قَدْحُ النَّارِ فِي الزَّنَادِ " دېگەن چاقماقتىن ئوت چىقماقنى كۆرسىتىدۇ. يەنى چاپقاندا تۇياقلىرىنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلىشىدىن چاقماقتىن ئوت چىققاندەك ئوت چىقارغۇچى ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى.

③ ﴿الْمُغِيْرٰتِ﴾ ئەسلىدە " أَغَارَ، يُغِيْرُ »دىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز بولۇپ، دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرگۈچى ياكى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. ﴿صُبْحًا﴾ سۈبھى ۋاقتىدا، ئەرەبلەردە ئومۇمەن مۇشۇ ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىناتتى. «باستۇرۇپ كىرگۈچى» دېگەن ئاتلىق قوشۇننى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئاتلارنىڭ باستۇرۇپ كىرگۈچى دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھۇجۇم قىلىشتا ئاتلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

فَأَثَرْنَ بِهِۦ نَقْعًا ﴿٤﴾ فَوَسَطْنَ بِهِۦ جَمْعًا ﴿٥﴾ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لِرَبِّهِۦ
لَكَنُودٌ ﴿٦﴾ وَإِنَّهُۥ عَلَىٰ ذَٰلِكَ لَشَهِيدٌ ﴿٧﴾ وَإِنَّهُۥ لِحُبِّ ٱلْخَيْرِ لَشَدِيدٌ ﴿٨﴾
۞ أَفَلَا يَعْلَمُ إِذَا بُعْثِرَ مَا فِى ٱلْقُبُورِ ﴿٩﴾ وَحُصِّلَ مَا فِى ٱلصُّدُورِ ﴿١٠﴾
إِنَّ رَبَّهُم بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَّخَبِيرٌۢ ﴿١١﴾

***(تېز چاپقانلىقتىن) توپا ـ چاڭ چىقارغان①، شۇ توپا ـ چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىمەنكى② [1 ـ 5] ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە بەكمۇ تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر③ [6]. شەكسىزكى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قىلمىشىغا ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر④ [7]. ئىنسان ھەقىقەتەن پۇل ـ مالغا ئىنتايىن ھېرىسمەندۇر⑤ [8]. ئۇ ئىنسان قەبرىلەردىكىلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان⑥، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارىلانغان چاغدا⑦، (ئۆزىنىڭ ھېساب بېرىدىغانلىقىنى) بىلمەمدۇ؟ شەكسىزكى، ئۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ رەببى ئۇلارنىڭ (بارلىق قىلمىشلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر⑧ [9 ـ 11].***

① ﴿أَثَرْنَ﴾ قوزغىغان. ﴿نَقْعًا﴾ توپا-چاڭ دېگەن مەنىدە. ئاتلار تېز

چاپقاندا ياكى ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار چاپقان جايلاردىن توپا-چاڭلار كۆتۈرىلىدۇ.

② ﴿فَوَسَطْنَ﴾ شۇ ۋاقىتنىڭ ياكى توپا-چاڭنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن. ﴿جَمْعًا﴾ جەملەنگەن دۈشمەن قوشۇنى. دېمەك توپا-چاڭ كۆتۈرۈلگەندە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن ۋە زور قوشۇن ئىچىدە قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقان مەيدانغا كىرگەن ئاتلار دېگەن مەنىدە.

③ بۇ ئايەت يۇقىرىدىكى قەسەملەرنىڭ جاۋابىدۇر. بۇ يەردىكى «ئىنسان» كاپىر ئىنسانىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بەزى ئىنسانلار ﴿كَنُودٌ﴾ " كَفُورٌ» يەنى ناشۈكۈر، نانكور، تۇزكوردۇر.

④ يەنى ئىنسان ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ ناشۈكۈر ۋە تۇزكور ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿شَهِيدٌ﴾ دېگەن خەۋەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھ دەپ ئېلىپ، ئىنساننىڭ تۇزكورلىقىغا ئاللاھ گۇۋاھتۇر دەپ تەپسىر قىلغان. بىراق، ئىمام شەۋكانى ئالدىنقى تەپسىرنى ئەڭ توغرا دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتىكى ئۇچىنچى شەخس ئالماش ئىنسانىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇ جۈملىدىكى ئىگە «ئىنسان» دەپ ئېلىنسا، ئەڭ توغرا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

⑤ ﴿الْخَيْرِ﴾نىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى پۇل-مال بولۇپ، سۈرە بەقەرەنىڭ 180 -ئايىتىدىمۇ ئوخشاش مەنىدە كەلگەن: ﴿ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال-دۇنيا قالدۇرىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى پەرز قىلىندى﴾. بۇ ئىبارىنىڭ يەنە بىر مەنىسى، قاتتىق ھېرىسمەنلىك ۋە بېخىللىق پۇل-مالنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

⑥ ﴿بُعْثِرَ﴾، " نُثِرَ " ۋە " بُعِثَ " ھەممىسى بىر مەنىدە بولۇپ، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر تىرىلدۈرۈلۈپ سىرتقا چىقىرىلغاندا دېگەن ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ ﴿حُصِّلَ﴾ " مُيِّزَ " ۋە " بُيِّنَ " ھەممىسى بىر مەنىدە بولۇپ، دىللاردىكى سىرلار زاھىر قىلىنغان ۋە ئاشكارىلانغان چاغدا دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

⑧ يەنى ئۆلۈكلەرنى قەبرىلەردىن چىقىرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى سىرلارنى ئاشكارا قىلىدىغان ئاللاھ ھەممىدىن خەۋەرداردۇر، ھېچنەرسە ئۇنىڭدىن مەخپىي قالمايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ كۈندە ھەربىر ئىنسانغا قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. بۇنى ئۇ تۇزكور ئىنسان بىلمەمدۇ؟ ھېسابتىن ۋە جازادىن قورقمامدۇ؟ بۇ ئايەت - ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلىشنىڭ ئورنىغا، تۇزكورلۇق قىلىدىغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. شۇنىڭدەك پۇل-مالنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئاللاھنىڭ كەمبەغەللەرگە بېرىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن ھەقلىرىنى ئادا قىلمايدىغانلار ئۈچۈنمۇ ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

# سۈرە قارىئە

| (101) سورة القارعة مكية 11 آية | (101) سۈرە قارىئە مەككىدە چۈشكەن 11 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ٱلْقَارِعَةُ ﴿١﴾ مَا ٱلْقَارِعَةُ ﴿٢﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا ٱلْقَارِعَةُ ﴿٣﴾ يَوْمَ
يَكُونُ ٱلنَّاسُ كَٱلْفَرَاشِ ٱلْمَبْثُوثِ ﴿٤﴾ وَتَكُونُ ٱلْجِبَالُ كَٱلْعِهْنِ
ٱلْمَنفُوشِ ﴿٥﴾ فَأَمَّا مَن ثَقُلَتْ مَوَٰزِينُهُۥ ﴿٦﴾

***(يۈرەكلەرگە) دەھشەت سالغۇچى [1]، (ئى پەيغەمبەر!) ئۇ دەھشەت سالغۇچى نېمە؟① [2]. ئۇ دەھشەت سالغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ [3] (ئۇ قىيامەت كۈنىدۇر) شۇ كۈندە ئىنسانلار تارقىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ قالىدۇ② [4]. تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ③ [5]. تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك④،***

① بۇمۇ قىيامەتنىڭ بىر نامىدۇر. ئىلگىرى قىيامەتنىڭ ھەر خىلناملىرى تىلغا ئېلىنىدى، مەسىلەن: " الحَاقَّةُ، ٱلطَّآمَّةُ ، الصَّآخَّةُ، الغَاشِيَةُ، السَّاعَةُ، الوَاقِعَةُ " «بولىشى ھەق قىيامەت، چوقۇم بولىدىغان قىيامەت،

بۈيۈك پالاكەت ۋە چوڭ ئېغىرچىلىق، قۇلاقلارنى گاس قىلىۋەتكەن قاتتىق ئاۋاز، دەھشەتتى ھەممىنى ئورىۋالىدىغان قىيامەت، ۋاقتى-سائىتى ئېنىق قىيامەت، ئەمەلگە ئاشقۇچى قىيامەت» قاتارلىقلار. قىيامەتنىڭ ﴿الْقَارِعَةُ﴾ «ئىشىكنى قاتتىق قاققۇچى، (يۈرەكلەرگە) دەھشەت سالغۇچى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئىشىكنى قاتتىق قاققان ئادەم ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتىۋەتكەندەك، قىيامەتنىڭ قاتتىق دەھشىتى دىللارنى ئويغىتىۋېتىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئازابتىن خەۋەردار قىلىدۇ.

② ﴿الْفَرَاشِ﴾ چىراغقا ئۆزىنى ئۇرىدىغان پەرۋانە. ﴿الْمَبْثُوثِ﴾ چېچىلىپ كەتكەن، تارىلىپ كەتكەن دېگەن مەنىدە. يەنى قىيامەت كۈنى ئىنسانلارمۇ تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك پاراكەندە ۋە پاتپاراق بولۇپ كېتىدۇ.

③ ﴿الْعِهْنِ﴾ ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بويالغان يۇڭلارنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الْمَنْفُوشِ﴾ ئېتىلغان دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە تاغلارنىڭ قىيامەت كۈنى قانداق ھالەتتە بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. قۇرئان كەرىمدە قىيامەت كۈنىدىكى تاغلارنىڭ ھەرخىل ھالەتلىرى تۆرلۈك ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى شەرھلەندى. ئەمدى تۆۋەندىكى ئايەتتە قىيامەت كۈنى ئەمەل ئېتىبارى بىلەن ئايرىلىدىغان ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى ئىخچام شەكىلدە بايان قىلىنىدۇ.

④ ﴿مَوَازِيـنُ﴾ " مِيْزَانٌ "نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ تارازا-ئۆلچەم دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭدا قىيامەت كۈنى ئەمەل دەپتەرلىرى ئۆلچىنىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى سۈرە ئەئراف8 -ئايەت، سۈرە كەھف105 -ئايەت ۋە سۈرە ئەنبىيا47 -ئايەتلەردە بايان قىلىندى. بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ يەردە ﴿مَوَازِيـنُ﴾ " مِيْزَانٌ "نىڭ ئەمەس، " مَوْزُوْنٌ " «ۋەزىنلىك» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. يەنى ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خاس ئەھمىيەتكە ئىگە، ۋەزىنلىك ئەمەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. (فەتھۇلقەدىر) لېكىن، ئالدىنقى تەپسىر ئەۋزەل ۋە توغرا دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى كۆپ بولسا، ئۇ ئەمەللەر ئۆلچەلگەندە تارازىنىڭ ياخشى ئەمەل بار پەللىسى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ ﴿٧﴾ وَأَمَّا مَنْ خَفَّتْ مَوَٰزِينُهُۥ ﴿٨﴾ فَأُمُّهُۥ
هَاوِيَةٌ ﴿٩﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا هِيَهْ ﴿١٠﴾ نَارٌ حَامِيَةٌۢ ﴿١١﴾

***ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇنېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ① [6 ـ 7]. تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك②، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ③ [8 ـ 9]. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟④ [10] ئۇ قىزىق ئوتتۇر⑤ [11].***

① يەنى شۇ ئادەم ئارزۇ قىلغاندەك، كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشتا بولىدۇ.

② يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، تارازىنىڭ يامان ئەمەللەر قويۇلغان پەللىسى ئېغىر؛ ياخشى ئەمەللەر قويۇلغان پەللىسى يەڭگىل كەلگەن ئادەمگە كەلسەك.

③ ﴿هَاوِيَةٌ﴾ «چوڭقۇر ھاڭ» جەھەننەمنىڭ بىر نامىدۇر. ئۇنىڭ «چوڭقۇر ھاڭ» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، دوزىخنى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە چۈشىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ يەردە ﴿أُمُّ﴾ «ئانا» دېگەن سۆزنىڭ كەلتۈرۈلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئىنساننىڭ ئانىسى ئۇنىڭ پاناھلىنىدىغان جايى بولغاندەك، دوزىخىيلەرنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەم بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ﴿أُمُّ﴾ بۇ يەردە مېڭە، باش مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، دوزىخنى جەھەننەمگە باشچىلاپ تاشلىنىدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

④ بۇ يەردىكى سوئال جۈملە قىيامەتنىڭ قورقۇنچلۇق ۋە ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەھشىتى ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئىلمى، ئەقلى ۋە تەسەۋۋۇرلىرىمۇ، ئايەت ـ ھەدىستە بىلدۈرۈلگەندىن باشقا، قىيامەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئاجىزدۇر.

⑤ ھەدىستە بۇ قىزىق ئوت مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: دۇنيادا ئىنسانلار يېقىۋاتقان ئوت دوزاخ ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىر ھەسسىدۇر. جەھەننەمنىڭ ئوتى دۇنيانىڭ ئوتىدىن ئاتمىش توققۇز ھەسسە زىيادىدۇر. (سەھىھۇل بۇخارى 3265 ـ ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2843 ـ ھەدىس) يەنە

بىر ھەدىستە: «دوزاخ رەببىگە شىكايەت قىلىپ ئى رەببىم! مېنىڭدىكى (ئوت ئۆزئارا) بىر-بىرىنى يەپ كېتىۋاتىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قىشتا بىر قېتىم ۋە يازدا بىر قېتىم (بولۇپ ئىككى قېتىم) تىنىۋېلىشقا رۇخسەت بەردى. قىشتا سىلەر ئۇچرايدىغان ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولسا، ئۇنىڭ تېنىقىدىن كەلگەن سوغۇقتۇر. يازدا سىلەر ئۇچرايدىغان ئەڭ قاتتىق ئىسسىقمۇ ئۇنىڭ تىنىقىدىن كەلگەن ئىسسىقتۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 3260-ھەدىس) «ھاۋا بەك قىزىپ كەتسە، سىلەر نامازنى (ھاۋانى) سوۋۇتۇپ ئوقۇڭلار. چۈنكى، ھاۋانىڭ بەك قىزىپ كەتكەنلىكى دوزاخنىڭ قىزىقلىقىنىڭ تاشقانلىقىدىندۇر». (سەھىھۇل بۇخارى 3259-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 615-ھەدىس)

# سۈرە تەكاسۇر

| (١٠٢) سورة التكاثر مكية ٨ آية | (102) سۈرە تەكاسۇر مەككىدە چۈشكەن 8 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

أَلْهَىٰكُمُ ٱلتَّكَاثُرُ ﴿١﴾ حَتَّىٰ زُرْتُمُ ٱلْمَقَابِرَ ﴿٢﴾ كَلَّا سَوْفَ
تَعْلَمُونَ ﴿٣﴾ ثُمَّ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿٤﴾ كَلَّا لَوْ تَعْلَمُونَ عِلْمَ
ٱلْيَقِينِ ﴿٥﴾ لَتَرَوُنَّ ٱلْجَحِيمَ ﴿٦﴾ ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا عَيْنَ ٱلْيَقِينِ ﴿٧﴾ ثُمَّ
لَتُسْـَٔلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٨﴾

***(ئى ئىنسانلار! پۇل ـ مال ۋە بالىلارنىڭ) كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىش① سىلەرنى (ئۆلۈپ) قەبرىستانلىقتا كەلگىنىڭلارغا قەدەر (تائەت ـ ئىبادەتتىن) غەپلەتتە قالدۇردى② [1 ـ 2]. بۇنداق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس③، (سىلەر ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى) كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر [3]. ئاندىن (يەنە دەپ قوياي) بۇنداق قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس، (قىلمىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر④ [4]. ھەقىقەت شۇكى، ئەگەر سىلەر ھەقىقىي بىلسەڭلار⑤ (غەپلەتتە قالماڭلار) [5]. سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر⑥ [6]. ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر⑦ [7]. ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە***

*بېرىلگەن) نېمەتلەر توغرۇلۇق بۇ كۈندە سوراققا تارتىلىسىلەر⑧ [8].*

① " اَلْهٰى، يُلْهِىْ "نىڭ مەنىسى غەپلەتتە قالدۇرماق، مەشغۇل قىلماق. ﴿التَّكَاثُرُ﴾ كۆپەيتىش خاھىشى، كۆپ بولۇشنى ئارزۇ قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئومۇمەن پۇل-مال، ئەۋلاد، قەبىلە، دوست-بۇرادەر، ياردەمچى ۋە قوللىغۇچى قاتارلىقلارنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ كۆپ بولۇشى ئىنسانغا سۆيۈملۈك بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ھاسىل قىلىش خاھىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان مەشغۇلىيىتى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدۇرسا، شۇنداق نەرسە ﴿التَّكَاثُرُ﴾ مەنىسىگە كىرىدۇ. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھەر دەۋردە كۆپ ساندىكى ئىنسانلار مۇپتىلا بولىدىغان مەزكۇر ئىللەتنى بايان قىلىۋاتىدۇ.

② دېمەك، سىلەر ئۇ نەرسىلەرنى كۆپەيتىش ئۈچۈن توختىماي جاپا چېكىۋەردىڭلار، ئاخىرى سىلەرگە ئۆلۈم كەلدى ۋە قەبرىلەرگە يېتىپ كەلدىڭلار.

③ يەنى سىلەر كۆپەيتىش ۋە پەخىرلىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، غەپلەتتە قىلىۋاتىسىلەر، بۇ توغرا ئەمەس.

④ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى سىلەر كەلگۈسىدە بىلىپ قالىسىلەر، بۇ ئىبارە تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئىككى قېتىم تەكرارلاندى.

⑤ بۇ شەرتنىڭ جاۋابى جۈملىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، مەنىسى مۇنداق: ئەگەر سىلەر، دۇنيادا ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ ئۇنىڭغا جەزمەن ئىشەنگەندەك، مۇشۇ غاپىللىقنىڭ ئاقىۋىتىگە ئىشەنسەڭلار، پۇل-مالنى كۆپەيتىش خاھىشى ۋە ئۇنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىشتىن ئۆزۈڭلارنى ساقلاتتىڭلار.

⑥ بۇ جۈملىدىن قالدۇرۇلغان قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر يەنى ئۇنىڭدا جازالىنىسىلەر.

⑦ بىرىنچى قېتىملىق كۆرۈش يىراقتىن بولىدۇ. ئىككىنچىسى يېقىندىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار

بىلەن كۆرىسىلەر» دېيىلگەن.

⑧ بۇ سوئال-سوراق ئاللاھ تائالا دۇنيادا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن بولىدۇ. مەسىلەن: كۆز، قۇلاق، يۈرەك، ئەقىل، ئەمىنلىك، ساغلاملىق، مال-مۈلۈك، ھوقۇق ۋە ئەۋلاد قاتارلىق نېمەتلەر. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: پەقەت كاپىرلارلا سوراق قىلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ھەربىر ئىنسان سوراق قىلىنىدۇ. چۈنكى، سوراقتا تارتىلىشنىڭ ئۆزى ئازابقا لايىق بولغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ. بېرىلگەن نېمەتلەرنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئىشلەتكەنلەر سوراقتا تارتىلسىمۇ، ئازابتىن ئامان قالىدۇ. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغانلار سوراقتىن كېيىن دوزاختا ئېلىپ كېتىلىدۇ.

# سۈرە ئەسر

| (١٠٣) سورة العصر مكية ٣ آية | (103) سۈرە ئەسر مەككىدە چۈشكەن 3 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَٱلْعَصْرِ ﴿١﴾ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَفِى خُسْرٍ ﴿٢﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْحَقِّ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ ﴿٣﴾

***زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى① [1]، ئىنسان ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدىدۇر② . پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان③ ، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان④ ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان⑤ كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ [3 ـ 2].***

① زامان دېمەك كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ۋە نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. كېچە بولغاندا جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ، كۈندۈز بولغاندا پۈتۈن جاھان يورۇقلۇققا تولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزىدە كېچە ئۇزۇن، كۈندۈز قىسقا بولسا، بەزىدە كېچە قىسقا، كۈندۈز ئۇزۇن بولىدۇ. مانا مۇشۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى زامان دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ زامان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بۈيۈكلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ زامان بىلەن قەسەم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىلگىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ ئۆز مەخلۇقلىرىدىن نېمە بىلەن قەسەم

قىلىشنى خالىسا، قەسەم قىلسا بولۇۋېرىدۇ، لېكىن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ نامىدىن باشقا ھەر قانداق نەرسە بىلەن قەسەم قىلسا، جايىز بولمايدۇ.

② بۇ ئىبارە يۇقىرىدىكى قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. يەنى ئىمان ئېيتمىغان ئىنساننىڭ زىيانكارلىقى ئېنىق بولۇپ، ھاياتلا بولىدىكەن ئۇنىڭ كېچە-كۈندۈزلىرى مېھنەت بىلەن ئۆتىدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭغا ئۆلۈم كېلىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ، ئاراملىق ۋە راھەت نېسىپ بولمايدۇ. بەلكى، ئۇ جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ.

③ شۇنداق، بۇ زىيانكارلىقتىن ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى بىرلەشتۈرگەنلەر ئامان قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى دۇنيادا قانچە جاپا-مۇشەققەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆلۈمدىن كېيىن مەڭگۈلۈك نېمەتلەرگە تولغان راھەتلىك جەننەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. تۆۋەندە ئەنە شۇنداق مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

④ يەنى ئۇلار بىر-بىرىنى ئاللاھنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشقا، ھارام ۋە گۇناھتىن ساقلىنىشقا تەۋسىيە قىلىشىدۇ.

⑤ يەنى بالا-مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش، چىداش، شەرئەت ئەھكاملىرى ۋە پەرزلىرىگە ئەمەل قىلىشتا چىدامچان بولۇش، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشتا چىدامچان بولۇش، نەپسىنىڭ خاھىشلىرىدىن ۋە ھۇزۇر -ھالاۋەتلەردىن كېچىشكە چىداشنى بىر - بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانلار زىيان تارتمايدۇ. گەرچە بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىش سەۋر ۋە چىدامچانلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئايرىم زىكىر قىلىنغانلىقى ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ۋە خىسلەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

# سۈرە ھۇمەزە

| (١٠٤) سورة الهمزة مكية ٩ آية | (104) سۈرە ھۇمەزە مەككىدە چۈشكەن 9 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ ۝١ ٱلَّذِى جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَهُۥ ۝٢ يَحْسَبُ أَنَّ
مَالَهُۥٓ أَخْلَدَهُۥ ۝٣ كَلَّا ۖ لَيُنۢبَذَنَّ فِى ٱلْحُطَمَةِ ۝٤ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا
ٱلْحُطَمَةُ ۝٥ نَارُ ٱللَّهِ ٱلْمُوقَدَةُ ۝٦ ٱلَّتِى تَطَّلِعُ عَلَى ٱلْأَفْـِٔدَةِ ۝٧ إِنَّهَا
عَلَيْهِم مُّؤْصَدَةٌ ۝٨ فِى عَمَدٍ مُّمَدَّدَةٍۭ ۝٩

***ھەربىر كەمسىتكۈچى، غەيۋەتخور قاتتىق ئازابقا دۇچار بولسۇن!① [1]. ئۇ پۇل ـ مال توپلاش ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي) ساناش بىلەنلا بولۇپ كەتتى② [2]. ئۇ پۇل ـ مېلى ئۆزىنى (دۇنيادا) مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ③ [3]. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇ ئويلىغاندەك بولمايدۇ④، ئۇ چوقۇم (كىرگەنلەرنى) پارچىلىۋېتىدىغان دوزاخقا تاشلىنىدۇ⑤ [4]. (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇ دوزاخنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟⑥ [5]. ئۇ، ئاللاھنىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى، (ئۇنىڭ ئەلىمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ⑦ [6 ـ 7]. ئۇلار چوقۇم ئۇزۇن (سوزۇلغان ئوت) تۈۋرۈكلەر ئىچىگە سولىنىدۇ⑧ [8 ـ 9].***

① بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە ﴿هُمَزَةٍ﴾ ۋە ﴿لُمَزَةٍ﴾ مەنىداش سۆزلەردىندۇر. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئازراق پەرق بار دەپ قاراپ، ﴿هُمَزَةٍ﴾ دېگەن يۈز تۇرانە يامانلىق قىلىدىغان ئادەم. ﴿لُمَزَةٍ﴾ بولسا ئارقىدىن غەيۋەت قىلىدىغان ئادەمدۇر، دەيدۇ. بەزىلەر ئەكسىچە مەنە بېرىدۇ. بەزىلەر: ﴿هُمَزَةٍ﴾ كۆز ۋە قول ئىشارىسى ئارقىلىق يامانلىق قىلغۇچى ۋە ﴿لُمَزَةٍ﴾ تىل بىلەن يامانلىق قىلغۇچى، دەپ قارايدۇ.

② بۇنىڭدىن پۇل-مالنى بېسىۋېلىپ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بولمىسا، پەقەت پۇل-مال توپلاش ۋە ساناش خاتالىق ھېسابلانمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ سەدىقە ۋە زاكاتلىرىنى بەرمەي، ئاللاھ يولىدا خەير-ئېھسان قىلماي بېسىۋالسا، ئاندىن خاتالىق ھېسابلىنىدۇ.

③ ﴿أَخْلَدَهُ﴾نىڭ ئەڭ توغرا تەرجىمىسى: «پۇل-مېلى ئۇنى مەڭگۈ ھايات قالدۇرىدۇ» يەنى ئۇ توپلىغان پۇل-مال ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالىدۇ، يەنى ئۇ شۇنداق ئويلايدۇ.

④ ئىش ئۇ ئويلىغان ۋە خىيال قىلغاندەك بولمايدۇ.

⑤ ئۇنداق بېخىل ئادەم كىرگەنلەرنى پارچىلىۋېتىدىغان ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ. ﴿الْحُطَمَةِ﴾ جەھەننەمنىڭ يەنە بىر نامى بولۇپ، پارچە-پارچە قىلىۋېتىدىغان جاي دېگەن مەنىدە.

⑥ بۇ يەردىكى سوئال ھوتەمەنىڭ دەھشىتى ۋە قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. يەنى ئۇ شۇ قەدەر قورقۇنچلۇقكى، سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ ۋە سىلەرنىڭ چۈشەنچە ۋە ھېس تۇيغۇلىرىڭلار ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ.

⑦ يەنى ئۇنىڭ قىزىقلىقى يۈرەكلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئادەتتە دۇنيانىڭ ئوتىدىمۇ ھەر قانداق نەرسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان ئالاھىدىلىك بولىدۇ، لېكىن دۇنيادىكى ئوت يۈرەككە يېتىپ بارغىچە ئىنسان ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما جەھەننەمدە ئۇنداق بولمايدۇ. ئوت يۈرەككىچە يېتىپ بارىدۇ، لېكىن ئادەم ئۆلمەيدۇ. ھەتتا ھەر قانچە ئارزۇ قىلسىمۇ ئۆلمەيدۇ.

⑧ ﴿مُؤْصَدَةٌ﴾ تاقالغان، سولانغان دېگەن مەنىدە. يەنى ھېچكىمنىڭ

چىقالماسلىقى ئۈچۈن جەھەننەمنىڭ يولى ۋە دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ. ئىشىكلەرگە تۆمۈر مىخلار قېقىلىدۇ. ئۇ مىخلار ئېگىز-ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە ئوخشايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿عَمَدٍ﴾نىڭ مەنىسىنى دەملەر، تاقاقلار دەپ ئالىدۇ. ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿ئۇلار ئۇزۇن دەملەر بىلەن تاقىلىدىغان دوزاختا سولىنىدۇ﴾ دېگەن بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿عَمَدٍ﴾نىڭ مەنىسى تۈۋرۈكلەر بولۇپ، گۇناھكارلار ئۇ تۈۋرۈكلەر ئىچىدە ئازابلىنىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

# سۈرە فىل

| (١٠٥) سورة الفيل مكية ٥ آية | (١٠٥) سۈرە فىل مەككىدە چۈشكەن ٥ ئايەت |
|---|---|

بِسۡمِ اللهِ الرَّحۡمٰنِ الرَّحِيۡمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

أَلَمۡ تَرَ كَيۡفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصۡحَٰبِ ٱلۡفِيلِ ١

*(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ پىل ئىگىلىرىنى (پىللىق قوشۇننى) قانداق (ھالاك) قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [1]*

★ يەمەندىن خانە كەئبىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ خەۋىرىنى سەن بىلمىدىڭمۇ؟ بۇ يەردىكى «كۆرمىدىڭمۇ؟» دېگەن سۆز «بىلمىدىڭمۇ؟» دېگەن مەنىدە. چۈنكى، بۇ يەردىكى سوئال ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى سەن بىلىسەن ياكى سەن بىلەن بىر دۆردە ياشىغان كىشىلەر بىلىدۇ. بۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، ئەرەبلەردە بۇ ۋەقە يۈز بەرگەنگە ئانچە ئۇزۇن زامان ئۆتمىگەن ئىدى. ئەڭ مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسەن بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلى يۈز بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەقە ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا بەك مەشھۇر ھەم ھەقىقىي ۋەقە ھېسابلىناتتى. بۇ ۋەقەنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

## پىل ئىگىلىرى ۋەقەسى

ھەبەشىستان پادىشاھى تەرەپتىن يەمەننى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەن ھاكىمنىڭ ئىسمى ئەبرەھە ئەلئەشرەم ئىدى. ئۇ سەنئا شەھىرىدە ناھايىتى چوڭ بىر چېركاۋ بىنا قىلدى. ھەج-ئۆمرە قىلماقچى بولغان كىشىلەرنى مەككىدىكى كەئبىگە بارغىنىنىڭ ئورنىغا، ئۆزى ياسىغان چېركاۋغا يۈزلەندۈرمەكچى بولدى. بۇ ئىشتىن مەككە ئەھلى ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى قاتتىق نارازى بولدى. بۇ ئىشقا ئاچچىغى كەلگەن بىر ئەرەب كېچىدە ئۇ چېركاۋنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تاھارەت قىلىپ قويدى. بىر ئەرەبنىڭ چېركاۋنى ناپاك قىلغانلىقى ئەبرەھەگە يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ مەككىدىكى كەئبىنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە قەسەم قىلدى ۋە نۇرغۇن قوشۇن بىلەن مەككىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇنىڭ قوشۇنى ئىچىدە بىر قانچە پىلمۇ بار ئىدى. ئەبرەھە مەككىگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى شۇ ئەتراپتا بېقىلىۋاتقان ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئىككى يۈز دانە تۆگىسىنى ھەيدەپ كەتتى. ئابدۇلمۇتەللىپ ئەبرەھەنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئەبرەھە ئۇنىڭ سالاپىتىدىن ئەيمىنىپ، تۆۋەنگە چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا: نېمە ھاجىتىڭ بار؟ دېدى. ئابدۇلمۇتەللىپ: ئادەملىرىڭ ئېلىپ كەتكەن ئىككى يۈز تۆگەمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن، دېدى. ئەبرەھە: مەن سېنىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنىڭ سىمۋولى بولغان كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن كەلگەن تۇرسام، سەن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ ئىككى يۈز تۆگىسى توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ؟ دېدى. ئابدۇلمۇتەللىپ ئۇنىڭغا: مەن تۆگىنىڭ ئىگىسى، كەبىنىڭمۇ قوغدايدىغان ئىگىسى بار، دېدى. ئەبرەھە ئادەملىرىگە ئۇنىڭ تۆگىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئەبرەھە قوشۇنى مۇھەسسەر ۋادىسىغا كەلگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ-توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. ھەربىر قۇشنىڭ تۇمشۇقىدا بىر، پۇتلىرىدا ئىككى دانىدىن نوقۇت ۋە يېسىمۇقتەك چوڭلۇقتا تاشلار بار ئىدى. ئۇ تاش ھەرقانداق بىر ئەسكەرگە تەگسە، تېرىسى ئېقىپ كېتەتتى، ئاندىن گۆشلىرى ئاجراپ، سۆڭەكلىرى قالاتتى، ئۇ شۇ ھالەتتە قېچىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۆلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلگەنلەر بار. قېچىپ كېتىۋاتقاندا سۆڭەكلىرى بىر-بىرلەپ ئاجراپ چۈشۈپ ئۆلگەنلەرمۇ بار. ئەبرەھە بولسا قېچىپ كېتىۋېتىپ، سۆڭەكلىرى ئاجراپ، سەنئاغا بېرىپلا ئۆلدى. مۇشۇ تەرىقىدە ئاللاھ تائالا ئۆز بەيتىنى ساقلاپ قالدى. (ئەيسەر تەپاسىر)

أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ ۝٢ وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ ۝٣
تَرْمِيهِم بِحِجَارَةٍ مِّن سِجِّيلٍ ۝٤ فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَّأْكُولٍ ۝٥

***رەببىڭ ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟① [2] رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ - توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى② [3]. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ③ [4]، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانذەك قىلىۋەتتى④ [5].***

① يەنى ئۇلار كەئبىنى يىقىتىش نىيىتى بىلەن كەلگەن ئىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدى. بۇ يەردىكى سوئال ئىقرار-ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن.

② ﴿أَبَابِيلَ﴾ قۇشلارنىڭ نامى ئەمەس، بەلكى «توپ-توپ» دېگەن مەنىدە.

③ ﴿سِجِّيلٍ﴾ دېگەن سېغىز لايدىن ياسىلىپ، ئوتتا پىشۇرۇلغان ساپال تاشنى كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇ ئۇششاق تاشلار ياكى ساپال تاشلار دۈشمەنلەرنى ھالاك قىلىشتا توپ ۋە مىلتىق ئوقلىرىدىنمۇ ئۈنۈملۈك بولدى.

④ يەنى ئۇلارنىڭ جىسىملىرى خۇددى چاينىۋېتىلگەن سامانذەك تارىلىپ كەتتى.

# سۈرە قۇرەيش

| (١٠٦) سورة قريش مكية ٤ آية | (106) سۈرە قۇرەيش مەككىدە چۈشكەن 4 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

لِإِيلَٰفِ قُرَيْشٍ ﴿١﴾ إِۦلَٰفِهِمْ رِحْلَةَ ٱلشِّتَآءِ وَٱلصَّيْفِ ﴿٢﴾ فَلْيَعْبُدُواْ
رَبَّ هَٰذَا ٱلْبَيْتِ ﴿٣﴾ ٱلَّذِىٓ أَطْعَمَهُم مِّن جُوعٍ وَءَامَنَهُم مِّنْ
خَوْفٍۭ ﴿٤﴾

***قۇرەيشلەر قوغدالغانلىقى ــ قىشلىق ۋە يازلىق سەپەردە قوغدالغانلىقى (غا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش) ئۈچۈن①، ئۆزلىرىنى ئاچلىقتىن ئوزۇقلاندۇرغان②، قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلغان③ بۇ ئۆي (كەئبە)نىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلسۇن! [4 ـ 1].***

★ بۇ سۈرە «سۈرە ئىيلاف» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سۈرە ئالدىنقى سۈرە بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

① ﴿إِيْلَٰفِ﴾نىڭ مەنىسى ئۈلپەتلىشىش، كۆنۈش ۋە ئادەتلىنىش، بىرلىشىش، يەنى ياقتۇرۇش، ياقتۇرۇلۇش، قوغدىلىش دېگەن مەنىدە. قۇرەيشلىكلەر تىجارەتكە تايىنىپ، تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يىلدا ئىككى قېتىم ئۇلارنىڭ تىجارەت كارۋىنى چەتئەلگە چىقىپ، ھەرخىل يېگۈ

تاۋارلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلار قىشتا ئىسسىق بولىدىغان يەمەنگە، يازدا سوغۇق بولىدىغان شامغا باراتتى. ئۇلار خانە كەئبىنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرى ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كارۋىنى يوللاردا ھېچ توسقۇنلۇققا ئۇچرىماستىن بىخەتەر ۋە خاتىرجەم ماڭاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە قۇرەيشلىكلەرگە ئەسكەرتىپ دېدىكى: بىز سىلەرگە مەككىدە ئەمىنلىك ئاتا قىلغانلىقىمىز ۋە سىلەرنى ئەرەبلەر ئارىسىدا ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، سىلەر قىشلىق ۋە يازلىق ئىككى سەپىرىڭلاردا بىخەتەر ماڭىسىلەر، بۇ بىزنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان ئېھسانىمىزدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا سىلەرنىڭ خاتىرجەم سەپەر قىلىشىڭلار مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلارنى قوغداش، سەپىرىڭلارنىڭ داۋاملىشىشى ۋە تۇرمۇشۇڭلارنىڭ قامدىلىشى ئۈچۈن پىل ئىگىلىرىنى ھالاك قىلدۇق. ئەگەر ئەبرەھە ئۆزىنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانىدا مەقسىتىگە يەتكەن بولسا، سىلەرنىڭ ئىززىتىڭلار ۋە ھاكىمىيىتىڭلار ۋەيران بولغان بولاتتى. سەپەرنىڭ داۋاملىشىشىمۇ مۇمكىن بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر مۇشۇ بەيتۇللاھنىڭ رەببىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار.

② مەزكۇر تىجارەت ۋە سەپەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ رىزقىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن.

③ ئەرەبلەردە ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلار كۆپ ئىدى، مەككىلىكلەر ھەرەمنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار خەۋپ-خەتەردىن ئەمىنلىكتە ئىدى.

# سۈرە مائۇن

| (١٠٧) سورة الماعون مكية ٧ آية | (107) سۈرە مائۇن مەككىدە چۈشكەن 7 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

أَرَءَيْتَ ٱلَّذِى يُكَذِّبُ بِٱلدِّينِ ﴿١﴾ فَذَٰلِكَ ٱلَّذِى يَدُعُّ ٱلْيَتِيمَ ﴿٢﴾ وَلَا
يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ﴿٣﴾ فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ ﴿٤﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ عَن
صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ ﴿٥﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ يُرَآءُونَ ﴿٦﴾ وَيَمْنَعُونَ ٱلْمَاعُونَ ﴿٧﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) جازا (كۈنى)نى يالغان دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟① [1] ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان②، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر③ [2 ـ 3]، شۇنداق نامازئوقۇغۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇلار نامازلىرىدىن غاپىل (بىپەرۋا) كىشىلەردۇر④ [4 ـ 5]. ئۇلار رىياكارلىق قىلىدۇ⑤ [6]. ۋە (يېپ، يىڭنە چاغلىق ئەڭ ئەقەللىي نەرسىنىمۇ) ئۆتنە ـ يېرىم قىلمايدۇ⑥ [7].***

★ بۇ سۈرە «سۈرە دىن»، «سۈرە ئەرەئەيتە» ۋە «سۈرە يېتىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

① بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان خىتابتۇر. بۇ يەردىكى سوئال تۈۋەندە خاراكتېرى بايان قىلىنىدىغان ئادەمنىڭ ھالىغا قارىتا

ھەيرانلىقنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن. «كۆردۈڭمۇ؟» تونۇدۇڭمۇ دېگەن مەنىدە كەلگەن، بۇ يەردىكى ﴿ٱلدِّينِ﴾ ئاخىرەتتىكى ھېساب ۋە جازانى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ يەردە جۈملىدىن قالدۇرۇلغان سۆز بار دەپ قاراپ: «جازا كۈنىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنى تونۇدۇڭمۇ؟» دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

② چۈنكى، ئۇ ھەم بېخىل، ھەم قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان ئادەمدۇر. ئۇنداق ئادەم يېتىمگە قانداقمۇ ياخشىلىق قىلسۇن؟ يېتىمگە ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ قەلبىدە بىرىنچىدىن: مال-دۇنياغا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي قەدىر-قىممەتكە ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپقا قارىتا ئەھمىيەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت زىيادە بولىدۇ. ئىككىنچىدىن: بۇ ياخشىلىقنىڭ بەدىلىگە قىيامەت كۈنى مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچى بولىدۇ.

③ مىسكىنگە تاماق بېرىشتىن ئىبارەت بۇ خەيرلىك ئىشنىمۇ يېتىمگە ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەملا قىلالايدۇ. يېتىمنى دۆشكەلەپ ئازار بېرىدىغان ئادەم مىسكىنگىمۇ ئازار بېرىدۇ.

④ بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك شەخسلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ناماز ئوقۇمايدىغانلار ياكى ئىلگىرى ئوقۇيدىغان بولسىمۇ، كېيىن ھورۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمىغانلار ياكى نامازنى شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن ۋاقىتتا ئوقۇماي، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئوقۇيدىغان ئادەملەر ياكى ئۆزلىرى خالىغان ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان ياكى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغانلار ياكى ئەيمىنىپ تۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ ۋە كەمتەرلىكنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇمايدىغانلار. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا نامازغا ئالاقىدار مەزكۇر كەمچىلىكلەردىن ساقلىنىش لازىم. بۇنىڭدىن ئايان بولدىكى، نامازدىكى بۇ خاتالىقلارنى پەقەت ئاخىرەتتىكى ھېساب-كىتاب ۋە جازاغا ئىشەنمەيدىغانلار سادىر قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ ئىللەت مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدا بايان قىلىنغان: ﴿ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) ئاللاھنى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ﴾. (سۈرە نىسا 142 ـ ئايەت)

⑤ ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇلار باشقىلار بىلەن بىرگە

بولغاندا ناماز ئوقۇيدۇ، خالىي قالغاندا ناماز ئوقۇشنى زۆرۈر دەپ قارىمايدۇ، يەنى ئۇلار باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈنلا رىياكارلىق بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ.

⑥ ﴿ٱلۡمَاعُونَ﴾ دېگەن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدىغان ئاز نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر «ئاز نەرسە» دېگەندىن زاكات كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى زاكاتنىڭ مىقدارى ئومۇمىي پۇل-مالغا نىسبەتەن ناھايىتى ئاز (يەنى يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت) نەرسىدۇر، دەيدۇ. دېمەك ئۇلار شۇنچە ئاز بولغان زاكاتنىمۇ بەرمەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئادەتتە قوشنىلار ئۆزئارا ئارىيەت بېرىدىغان ياكى ئالىدىغان نەرسە دەپ قارايدۇ. ئائىلىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان نەرسىنى ئارىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭغا بېخىللىق قىلماسلىق ياخشى سۈپەتتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بېخىللىق ۋە ئىچى تارلىق قىلىپ ئارىيەت بەرمەسلىك قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئادىتىدۇر.

# سۈرە كەۋسەر

| (١٠٨) سورة الكوثر مكية ٣ آية | (108) سۈرە كەۋسەر مەككىدە چۈشكەن 3 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِنَّآ أَعْطَيْنَٰكَ ٱلْكَوْثَرَ ﴿١﴾ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنْحَرْ ﴿٢﴾ إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ ٱلْأَبْتَرُ ﴿٣﴾

***(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق① [1]. سەن رەببىڭ (نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش) ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن② [2]. ھەقىقەت شۇكى، نام-نىشانسىز قالىدىغان كىشى ساڭا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر③ [3].***

★ بۇ سۈرىنىڭ يەنە بىر نامى «سۈرە نەھر» دۇر.

① ﴿ٱلْكَوْثَرَ﴾ دېگەن " كَثِيْرٌ " كۆپ دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قانچە مەنىسى بار. ئىمام ئىبنى كەسىر «كۆپ ياخشىلىق» دېگەن مەنىسىنى ئەڭ مۇۋاپىق كۆرگەن، چۈنكى بۇ مەنە ئومۇمىي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كۆپ نەرسىلەر كىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: سەھىھ ھەدىسلەردە كېلىشىچە كەۋسەر دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنىدىغان جەننەتتىكى بىر دەريانىڭ ئىسمىدۇر. بەزى ھەدىسلەردە ئۇ «ھەۋزى كەۋسەر» يەنى كەۋسەر كۆلى دەپ ئاتالغان بولۇپ، مۇئمىنلەر جەننەتكە

كىرىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قوللىرى بىلەن ھەۋزى كەۋسەردىن ئىچىدۇ. بۇ كۆلدىكى سۇ جەننەتتىكى كەۋسەر دېگەن دەريادىن ئېقىپ چىقىدۇ، دېيىلگەن. يەنە كۆپ شەھەرلەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك نامىنىڭ تىللاردا زىكىر قىلىنىشى، ھەم ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار - ھەممىسى «كۆپ ياخشىلىق» قا كىرىپ كېتىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

② يەنى سەن نامازنى شېرىكى يوق بىر ئاللاھ ئۇچۇنلا ئوقۇغىن. قۇربانلىقنىمۇ شېرىكى يوق بىر ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغىن، مۇشرىكلاردەك ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالمىغىن. " نَحْرٌ "نىڭ ئەسلىي مەنىسى، تۆگىنىڭ بوينىغا قىلىچ ياكى پىچاق بىلەن ئۇرۇپ بوغۇزلاشنى كۆرسىتىدۇ. باشقا ماللارنى يەردە ياتقۇزۇپ بوينىغا پىچاق سۈرۈپ بوغۇزلايدۇ. بۇ " ذَبْحٌ " زەبىھ قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە " نَحْرٌ " مۇتلەق قۇربانلىق قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ سۆز قۇربانلىق ئۇچۇن ئاتىغان ماللارنى بوغۇزلاش ۋە باشقا سەدىقە-ئېھسان ئۇچۇن قۇربانلىق قىلىش، ھەج مەۋسۇمىدە مىنادا قۇربانلىق قىلىش ۋە قۇربان ھېيت كۈنىدىكى ماللارنى بوغۇزلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

③ ﴿الْأَبْتَرُ﴾ دېگەن نەسلى ئۈزۈلگەن ياكى ئاختا قىلىنغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. يەنى شۇ كىشىنىڭ نەسلى ئۆزى بىلەن تۈگەيدۇ ياكى ئۇنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۆلۈپ كەتكەندە بىر قىسىم كاپىرلار: ئەمدى ئۇنىڭ چىرىغى ئۆچتى، نام-نىشانى قالمايدۇ، دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: نام-نىشانى قالمايدىغان سەن ئەمەس، سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدۇر، دەپ تەسەللىي بەردى. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نەسلىنى يەنى قىزىنىڭ ئوغۇللىرىنى ھايات قالدۇردى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىمۇ ئۇنىڭ مەنىۋى ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى پەخىرلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نام-شەرىپى پۈتۈن دۇنيادا ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قارشىلاشقان ۋە دۈشمەنلەشكەنلەرنىڭ نامى پەقەت تارىخ بەتلىرىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ، لېكىن ھېچكىمنىڭ دىلىدا ئۇلارغا قارىتا ئېھتىرام بولمايدۇ ۋە ھېچبىر تىلدا ئۇلارنىڭ ياخشى نامى قالمايدۇ.

# سۈرە كافىرۇن

| (١٠٩) سورة الكفرون مكية ٦ آية | (109) سۈرە كافىرۇن مەككىدە چۈشكەن 6 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿١﴾ لَآ أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ ﴿٢﴾ وَلَآ أَنتُمْ
عَٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ﴿٣﴾ وَلَآ أَنَا۠ عَابِدٌ مَّا عَبَدتُّمْ ﴿٤﴾ وَلَآ أَنتُمْ
عَٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ﴿٥﴾ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِىَ دِينِ ﴿٦﴾

***(ئى پەيغەمبەر! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار!① [1] سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە مەن چوقۇنمايمەن [2]. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلار ئەمەسسىلەر [3]. (يەنە ئېيتىپ قويايكى) مەن سىلەر چوقۇنغان نەرسىلەرگە چوقۇنغۇچى ئەمەسمەن [4]. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلار ئەمەسسىلەر② [5]. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈندۇر»③ [6].***

★ سەھىھ ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋاپتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت ۋە شامدىن

كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەت نامازلاردا سۈرە كافىرۇن بىلەن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا تەۋسىيە قىلىپ: ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇپ يېتىڭلار، شېرىكتىن ئامان تاپىسىلەر، دېگەن. (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 456-بەت، سۈنەنى ئەبى داۋۇد 5055-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 3403-ھەدىس، مەجمەئۇززەۋائىد 10-توم، 121-بەت) بەزى ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇپ ياتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. (تەپسىر ئىبنى كەسىر)

① بۇ يەردە ﴿الْكٰفِرُوْنَ﴾دىكى ئەلىف لام تۈرنى بىلدۈرۈپ ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئاقىۋىتىنىڭ كۇفۇر ۋە شېرىك بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغان مۇئەييەن كاپىرلارغا خىتاب قىلىنغان. چۈنكى، بۇ سۈرە نازىل بولغاندىن كېيىن نۇرغۇن مۇشرىكلار مۇسۇلمان بولغان ۋە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان. (فەتھۇلقەدىر)

② بۇ ئۇقۇم ئايرىم ئىبارە بىلەن ئىككى قېتىم كەلگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر بىرىنچى ئىبارە ھازىرقى زاماننى، ئىككىنچى ئىبارە كېلەر زاماننى ئىپادىلەپ كەلگەن دەپ ئالغان. ئەمما ئىمام شەۋكانى دېدىكى: بۇنداق ئىزاھلاپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، بىر نەرسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن تەكرار كەلتۈرۈش ئەرەب تىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇسلۇبىدۇر. بۇ ئۇسلۇب قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە جايدا ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: سۈرە رەھمان ۋە مۇرسىلاتتا بىر ئىبارە تەكرار كەلگەندەك، بۇ يەردىمۇ بىر جۈملە ئىككى قېتىم تەكرارلانغان. ئۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى، سىلەرنىڭ خاھىشىڭلار بويىچە تەۋھىد يولىنى تاشلاپ، شېرىك يولىنى تاللىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلارغا ھىدايەت پۈتۈلمىگەن بولسا، سىلەرمۇ تەۋھىدتىن ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن مەھرۇم قالىسىلەر. بۇ سۆز كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەكلىپ بېرىپ: بىز سېنىڭ مەبۇدىڭغا بىر يىل ئىبادەت قىلايلى، سەن بىزنىڭ مەبۇدلىرىمىزغا بىر يىل ئىبادەت قىلغىن، دېگەندە دېيىلگەن.

③ يەنى ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ دىنىغا رازى بولۇپ، ئۇنى تاشلاشنى خالىمىساڭلار، مەن ئۆزۈمنىڭ دىنىدىن رازىمەن، ئۇنى نېمىشقا تاشلىغۇدەكمەن؟ ﴿بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر﴾. (سۈرە قەسەس55 -ئايەت)

# سۈرە نەسر

| | |
|---|---|
| (١١٠) سورة النصر مدنية ٣ آية | (110) سۈرە نەسر مەدىنىدە چۈشكەن 3 ئايەت |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

إِذَا جَآءَ نَصْرُ ٱللَّهِ وَٱلْفَتْحُ ١ وَرَأَيْتَ ٱلنَّاسَ يَدْخُلُونَ فِى دِينِ
ٱللَّهِ أَفْوَاجًا ٢ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَٱسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُۥ كَانَ تَوَّابًۢا ٣

***(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىپ، فەتھى نېسىپ بولغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن چېغىڭدا①، رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر② [1 ـ 3].***

★ چۈشۈش ئېتىبارى بىلەن بۇ ئەڭ ئاخىرقى چۈشكەن سۈرىدۇر. (سەھىھ مۇسلىم 3024 ـ ھەدىس) بۇ سۈرە نازىل بولغاندا بەزى ساھابىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپتۇ، دەپ چۈشەنگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە تەسبىھ ئېيتىش، ھەمدى ئېيتىش ۋە مەغپىرەت تىلەشكە ئەمر قىلىنىدى. بۇ ھەقتىكى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن

سۆھبەت (سەھىھۇل بۇخارى 4970-ھەدىس)تە زىكىر قىلىنغان.

① ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىپ، فەتھى نېسىپ بولغان﴾ دېگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا يۇرتى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغان ئىدى. لېكىن، كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ساھابىلىرىنى مەككىدىن ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى مەككە پەتھى قىلىنغاندا، كىشىلەر ئىسلام دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر بىردىن، ئىككىدىن مۇسۇلمان بولاتتى. مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكى، ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭسىز ئاخىرەتتە نىجات تېپىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئايان بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا ئەمر قىلىندى.

② يەنى سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈش ۋە ھەقنى بايان قىلىش ۋەزىپەڭ تامام بولدى. ئەمدى سېنىڭ بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان ۋاقتىڭ يېقىنلىشىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەسبىھ ئېيتىش، ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە مەغپىرەت تىلەشكە كۆپ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

# سۈرە لەھەب

| (١١١) سورة اللهب مكية ٥ آية | (111) سۈرە لەھەب مەككىدە چۈشكەن 5 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

تَبَّتْ يَدَآ أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ ① مَآ أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُۥ وَمَا كَسَبَ ②
سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ ③ وَٱمْرَأَتُهُۥ حَمَّالَةَ ٱلْحَطَبِ ④ فِي جِيدِهَا
حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍ ⑤

***ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلىيەتتە) قۇرۇپ كەتتى① [1]. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلۈكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى② [2]. ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ [3]. ئۇنىڭ ئايالمۇ ئوتۇن يۈدۈگەن③، بويىندا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولغان④ ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ [5 ـ 4].***

★ بۇ سۈرە يەنە «سۈرە مەسەد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق ھەدىس بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾ يەنى ئۇلارغا دەۋەت قىلغىن دېگەن بۇيرۇق چۈشكەندە، ساپا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئاندىن: "يا

صَبَاحَاهْ! " دەپ ۋاقىرىدى. بۇ ئادەتتە خەتەرلىك بىر ئەھۋال يۈز بەرگەندە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن چاقىرىلىدىغان ندا ئىدى. بۇ نىدانى ئاڭلاپ قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا جەم بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئېيتىڭلارچۇ، ناۋادا مەن سىلەرگە مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا ئاتلىق دۈشمەنلەر بار، ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى، دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: ھەئە، بىز سېنىڭ ھېچقاچان يالغان ئېيتقىنىڭنى ئاڭلىمىدۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مەن قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېدى. جەم بولغانلار ئارىسىدىن ئەبۇلەھەب قوپۇپ: ساڭا ھالاكەت بولسۇن! سەن بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرغانمىدىڭ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئەبۇلەھەپ ھەققىدە بۇ سۈرىنى چۈشۈردى. ئەبۇلەھەبنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئابدۇلئۇززا ئىدى. ئۇنىڭ مەڭزى چىرايلىق ۋە قىزىل بولغاچقا ئەبۇلەھەب دەپ لەقەم قويۇلغان، «ئەبۇلەھەب» دېگەن سۆز ئوت يۈزلۈك، يالقۇن يۈزلۈك دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە دوزاختا ئوتۇن بولىدىغان ئاقىۋىتى ئېتىبارى بىلەنمۇ، بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا ماس كەلگەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز تاغىسى بولۇپ تۇرۇپمۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا كۆپ ئەزىيەت بېرەتتى، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل بىنتى ھەربمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىشتا ئېرىدىن قېلىشمايتتى.

① ﴿يَدَا﴾ " يَدٌ " "قول"نىڭ ئىككىلىك شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەبۇلەھەبنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ بىر بۆلىكى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈن بەدەن يەنى ئىنسان ئۆزى مەقسەت قىلىنغان مەجازىي ئىباردۇر. يەنى ئەبۇلەھەب ھالاك بولسۇن! بۇ بەتدۇئا ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان دۈشمەنلىكى ۋە يامان سۆزى تۈپەيلىدىن ئېيتىلغان. ﴿وَتَبَّ﴾ «ھالاك بولدى» دېگەن ئۇنىڭ خەۋىرىدۇر. بۇ بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا دۇئايىبەت بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھالاك بولۇش خەۋىرىنىمۇ بايان قىلدى. ھەقىقەتتە ئۇ بەدرى غازىتىدىن بىر نەچچە كۈن كېيىن، تەپ كېسىلىگە گىرپىتار بولدى، ئۇنىڭ جىسمىدىن يىرىڭ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۈچ كۈنگىچە دەپنە قىلىنماي تۇرۇپ قالدى، ھەتتا ئېغىر دەرىجىدە سېسىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ باللىرى كېسەلنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە

كىشىلەرنىڭ دادىسىنىڭ جەستىنى كۆممىدى دەپ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ جەستىگە يىراقتىن تاش ۋە چالما ئېتىپ كۆمۈۋەتتى. (ئەيسەر تەپاسىر)

② ئۇنىڭ «ئېرىشكەن نەرسىلىرى» ئىچىگە ئۇنىڭ قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ئورنى، ھوقۇق-مەنسىپى ۋە باللىرىمۇ كىرىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ ئازابى كەلگەندە ھېچنەرسىسى ئۇنىڭغا ئەسقاتمىدى.

③ يەنى ئۇ ئايال ئېرىنىڭ ئوتتا تېخىمۇ بەكرەك كۆيۈشى ئۈچۈن ئېرى بار دوزاخقا ئوتۇن توشۇيدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرەپتىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. يەنى ئۇ ئايال دۇنيادا ئېرىنىڭ كۇفۇرلۇق ۋە تەرسالىق قىلىشىغا ھەمدەمدە بولاتتى، ئاخىرەتتىمۇ ئېرىنىڭ دوزاخنىڭ ئوتىدا ئازابلىنىشى ئۈچۈن ياردەمدە بولىدۇ. (تەپسىر ئىبنى كەسىر) بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئايال تىكەنلىك شاخ-ئوتۇنلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا قويۇپ قوياتتى. يەنە بەزىلەر: بۇ ئايەتتە ئۇ ئايالنىڭ سۇخەنچىلىك ئادىتىگە ئىشارە قىلىنغان، دەيدۇ. ئۇ ئايال قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتى ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشكە كۈشكۈرتەتتى. (فەتھۇلبارى)

④ ﴿جِيدِ﴾ «بويۇن»، ﴿مَسَدٍ﴾ مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا. بۇنى مۇپەسسىرلەر: خورما دەرىخىنىڭ پوستىدىن ياسالغان ئارقان، ئۈچەيدىن ياسالغان ئارغامچا دەپ ھەر خىل تەپسىر قىلغان. بەزىلەر، ئۇ ئايالنىڭ دۇنيادا بويىنىغا سېلىپ يۈرۈيدىغان ئارغامچىسى بار ئىدى، بۇ يەردە شۇ ئارغامچا تىلغا ئېلىنغان، دەيدۇ. ئەڭ توغرا مەنىسى شۇكى، جەھەننەمدە ئۇنىڭ بويىنىدا تۆمۈردىن ياسالغان تاقاق بولىدۇ. ئارغامچىنى ﴿مَسَدٍ﴾كە يەنى تۆمۈر زەنجىرگە ئوخشىتىش ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈندۇر.

# سۈرە ئىخلاس

| (١١٢) سورة الاخلاص مكية ٥ آية | (112) سۈرە ئىخلاس مەككىدە چۈشكەن 5 ئايەت |
|---|---|

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ﴿١﴾ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ﴿٢﴾ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ﴿٣﴾ وَلَمْ
يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدٌۢ ﴿٤﴾

***(ئى پەيغەمبەر! سەندىن سورىغانلارغا) ئېيتقىنكى، (سىلەر بىلمەكچى بولغان) ئۇ ـ ئاللاھ بىردۇر (يەككە ـ يېگانىدۇر) [1]. ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر① [2]. ئۇ باللىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس② [3]. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ③ [4].***

★ بۇ قىسقا سۈرە كاتتا پەزىلەتكە ئىگىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى: «قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭدۇر» دېگەن ۋە ئۇنى ھەر ئاخشىمى ئوقۇپ يېتىشقا تەرغىب قىلغان. (سەھىھۇل بۇخارى 5013ـ ھەدىس) بىر ساھابە بۇ سۈرىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە باشقا سۈرىلەر بىلەن قوشۇپ ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سېنىڭ بۇ سۈرىنى (ئوقۇشنى) ياخشى كۆرگەنلىكىڭ سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 774ـ ھەدىس، سەھىھ

مۇسلىم 813-ھەدىس)

بۇ سۈرىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى مۇنداق بولغان: مۇشرىكلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! سەن بىزگە رەببىڭنىڭ نەسەبىنى بايان قىلىپ بەرگىن، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى چۈشۈرگەن. (مۇسنەدى ئەھمەد 5-توم، 134-، 134-بەت)

① يەنى بارلىق مەۋجۇدات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەستۇر.

② ھېچنەرسە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئەمەس، ئۇمۇ ھېچنەرسىدىن تۇغۇلغان ئەمەس.

③ ئۇنىڭ نە زاتىدا، نە سۈپەتلىرىدە، نە ئەمەللىرىدە ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوقتۇر. ﴿ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر﴾. (سۈرە شۇرا 11-ئايەت). ھەدىس قۇدسىدا: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ئىنسان مېنى تىللىدى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ: ئاللاھنىڭ بالىسى بار، دېگەنلىكى مېنى تىللىغانلىقىدۇر. مەن بولسام ھەممىدىن بىھاجەت. ھەممە ماڭا موھتاجدۇر. مەن بالا تاپمىدىم ۋە (باشقا بىرسىدىن) تۇغۇلمىدىم. ھېچ كىشى ماڭا تەڭداش بولالمايدۇ». (سەھىھۇل بۇخارى 4974-ھەدىس) بۇ سۈرە كۆپ ئىلاھ بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلارغا، ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەيدىغانلارغا، ئاللاھنىڭ شېرىكى بار دەيدىغانلارغا يەنە ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلىدىغانلارغا رەددىيەدۇر.

# سۈرە فەلەق

| (١١٣) سورة الفلق مكية ٥ آية | (113) سۈرە فەلەق مەككىدە چۈشكەن 5 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلْفَلَقِ ۝١ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ۝٢ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ
إِذَا وَقَبَ ۝٣ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِى ٱلْعُقَدِ ۝٤ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا
حَسَدَ ۝٥

***(ئى پەيغەمبەر! سەن) «مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن① ، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ يامانلىقىدىن② ، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھرگەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن③ ، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن④ سۈبھىنىڭ رەببىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن⑤ [5-1].***

★ سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنىڭ پەزىلەتلىرى كۆپ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ئۇقبە ئىبنى ئامىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ كېچە ماڭا ئوخشىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئايەتلەر چۈشتى، ئۇلار فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنىڭ ئايەتلىرىدۇر». ئاندىن بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇدى. «ئى

ئۇقبە! سەن بۇ ئىككى سۈرىنى ھەر قېتىم ئۇخلىماقچى بولغان چېغىڭدا ۋە ئۇيقۇدىن ئويغانغان چېغىڭدا ئوقۇغىن» دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 814-ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى 2902-ھەدىس) ئىبنى ئابىس جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئىبنى ئابىس، مەن سېنى ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگۈچىلەر پاناھ تىلەيدىغان ئەڭ ياخشى نەرسىگە باشلاپ قويمايمۇ؟» دېدى. ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق قىلغىن، دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناستىن ئىبارەت ئىككى سۈرە (ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگۈچىلەر پاناھ تىلەيدىغان ئەڭ ياخشى نەرسىدۇر)» دېدى. (سۈنەنى نەسائى ئەلبانى 5020-ھەدىس) ئەبۇ سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ يامانلىقىدىن (باشقا دۇئالار بىلەن) ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيتتى. سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناس چۈشۈۋىدى، بۇ ئىككى سۈرە بىلەنلا پاناھ تىلەپ دۇئا قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالدى، باشقا دۇئالارنى ئوقۇمىدى. (سۈنەنى تىرمىزى 405-ھەدىس) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالسا، بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۈرەتتى. كېيىن، كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭغا ئۇ سۈرىلەرنى مەن ئوقۇپ ھۈرەتتىم ۋە بەدىنىنى ئۆزىنىڭ قولى بىلەن سىلاتقۇزۇپ قوياتتىم. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ بەرىكىتىنى ئۈمىد قىلاتتىم. (سەھىھۇل بۇخارى 5016-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2192-ھەدىس) ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېھىر قىلىنغاندا، ھەتتا ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلمىسىمۇ ئۆزىنى ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلدىم دەپ گۇمان قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! سىز ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا مەن ئاللاھ تائالادىن سورىغان نەرسىنى بەرگەنلىكىنى بىلمىدىڭىزمۇ؟ قېشىمغا ئىككى كىشى كېلىپ، بىرى بېشىمدا، يەنە بىرى ئايىغىمدا ئولتۇردى. بېشىمدا ئولتۇرغىنى ئايىغىمدا ئولتۇرغىنىغا: بۇ ئادەمنىڭ ھالى قانداق؟ دېدى. ئايىغىمدا ئولتۇرغىنى: بۇ سېھىر قىلىنىپتۇ، دېدى. بېشىمدا ئولتۇرغىنى: ئۇنىڭغا كىم سېھىر قىلىپتۇ؟ دېدى. ئايىغىمدا ئولتۇرغىنى: لەبىد ئىبنى ئەئسەم، دېدى. (ئۇ زۇرەيق جەمەتىدىن بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بىر مۇناپىق ئىدى) بېشىمدا

ئۇلتۇرغىنى: سېھرنى نېمىگە قىلىپتۇ؟ دېدى. ئايغىمدا ئولتۇرغىنى: تاغاق بىلەن (باش تارىغاندا چۈشكەن) چاچقا، دېدى. بېشىمدا ئولتۇرغىنى: ئۇ (يەنى تاغاق بىلەن چاچ) قەيەردە؟ دېدى. ئايغىمدا ئولتۇرغىنى: ئۇ خورمىنىڭ ئەركەك چېچەكلىنىڭ بەرگىسىگە يۆگەپ زەرۋان قۇدۇقىدىكى تاشنىڭ ئاستىدا قويۇلغان، دېدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە ساھابىلەر بىلەن شۇ قۇدۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ سۈيى خۇددى خېنە ئارىلاشتۇرۇلغاندەك ۋە خورما دەرەخلىرى خۇددى شەيتانلارنىڭ بېشىدەك بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە بۇيرۇپ، ئۇ قۇدۇقنى تىندۇرۇۋەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەيدۇكى، (قايتىپ كەلگەندە) مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئۇنىڭ ئاستىدىكى نەرسىلەرنى چىقىرىشقا بۇيرۇساڭ بولماسمىدى؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ماڭا شىپالىق بەردى. مەن بۇ يامانلىقنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ كېتىشىنى ياقتۇرمىدىم» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 5763-ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم 2189-ھەدىس) سۈننەنى نەسائىدە كەلگەن ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇدۇقتىن ئۇ نەرسىلەرنى چىقىرىشقا ئەۋەتكەن، ئۇ بىرىپ قۇدۇقتىن ئون بىر قېتىم چىگىلگەن يىپلىق تۈگۈننى چىقارغان، جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇغان، شۇنىڭ بىلەن چىگىلگەن تۈگۈن يېشىلىپ كەتكەن، نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساقايغان. «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئاخشىمى يېتىش ئۈچۈن تۆشەككە كىرگەن چاغدا، ئىككى ئالقىنىنى جەملەپ تۇرۇپ، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنى ئوقۇپ، ئىككى ئالقىنىغا ھۈرۈپ، پۈتۈن بەدىنىنى قولى يەتكەن يەرگىچە سىلايتتى. ئۇ سىلاشنى بېشى، يۈزى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ، ئۈچ قېتىم قىلاتتى». (سەھىھۇل بۇخارى 5017-ھەدىس)

① بۇ يەردىكى «مەخلۇقات» ئومۇمىي مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ ياراتقان بارلىق ئىنسانلار، جىنلار، شەيتانلار، جەھەننەم ۋە ھەر قانداق ئىنسانغا زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىغا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەش تەلىم بېرىلدى. چۈنكى، ئۇلارنى ياراتقۇچى زات ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاشقا قادىردۇر.

② كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا خەتەرلىك ھايۋانلار ماكانلىرىدىن، زىيانلىق ھاشارەتلەر ئۇۋۇلىرىدىن ۋە يامان غەرەزلىك كىشىلەر ئۆز پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقىدۇ. شۇڭا، بۇ ئايەتتە يۇقىرىدىكى سۆزلەر ئارقىلىق بارلىق يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەش بىلدۈرۈلىدى. ﴿غَاسِقٍ﴾ دېگەن كېچە. ﴿وَقَبَ﴾ كىرگەن، قاپلىغان ۋە يېپىلغان دېگەن مەنىدە.

③ ﴿النَّفّٰثٰتِ﴾ چىشى جىنسلىق سۆز بولۇپ، جۈملىدىن قالدۇرۇلغان. "النُّفُوْسُ " دېگەن سۆزنىڭ سۈپىتىدۇر. يەنى تولۇق ئىبارە " مِنْ شَرِّ النُّفُوْسِ النَّفّٰثٰتِ" يەنى تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى نەپسلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگەن بولىدۇ. «دەم سالغۇچىلار» دېگەن سېھىر قىلغۇچى ئەر ۋە ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتتە سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەندى، چۈنكى سېھىرگەر كۆپ ئەپسۇن ئوقۇپ، سۈپ دەپ دەم سالىدۇ ۋە چىگىك چىگىدۇ. ئادەتتە كىمگە سېھىر قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ چېچىنى ياكى بىر نەرسىسىنى تېپىپ، تۈگۈپ، شۇنىڭغا دەم سالىدۇ.

④ ھەسەت قىلغۇچى ھەسەت قىلىنغۇچىدىكى نېمەتلەرنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىنمۇ پاناھ تەلەپ قىلىندى، چۈنكى ھەسەت شۇنداق قەبىھ بىر ئىللەتكى، ئۇ ياخشى ئەمەللەرنى يەپ كېتىدۇ، يەنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

⑤ ﴿ٱلْفَلَقِ﴾نىڭ توغرا مەنىسى سۈبھى دېمەكتۇر. بۇ يەردە سۈبھىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشىدىكى مەقسەت شۇكى، ئاللاھ تائالا كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يوق قىلىپ، كۈندۈزنىڭ يورۇقلىقىنى كەلتۈرۈشكە قادىر بولغاندەك، خەۋپ-ئەندىشىلەرنى يوق قىلىپ، پاناھلىق تىلگەنلەرگە ئامانلىق ئاتا قىلىشقىمۇ قادىردۇر. يەنە بىر مەنىسى، ئىنسان كېچىدە سۈبھىنىڭ يورۇشىغا ئىنتىزار بولغاندەك، قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىدىكى ئادەممۇ پاناھ تىلەش ئارقىلىق نىجاتلىق سۈبھىسىنىڭ يورۇشىغا ئۈمىدۋار بولۇپ تۇرىدۇ. (فەتھۇلقەدىر)

# سۈرە ناس

| (١١٤) سورة الناس مكية ٦ آية | (114) سۈرە ناس مەككىدە چۈشكەن 6 ئايەت |
| --- | --- |

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ① مَلِكِ ٱلنَّاسِ ② إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ③ مِن
شَرِّ ٱلْوَسْوَاسِ ٱلْخَنَّاسِ ④ ٱلَّذِى يُوَسْوِسُ فِى صُدُورِ ٱلنَّاسِ ⑤ مِنَ
ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ⑥

***(ئى پەيغەمبەر! سەن) «ئىنسانلارنىڭ رەببى① ، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى② ، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (بولغان ئاللاھ)قا سېغىنىپ③ ، كىشىلەر (غەپلەتتە قالسا ئۇلار)نىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى، (ئاللاھنى ياد ئەتسە) يوشۇرۇنۇۋالغۇچى④ جىنلاردىن بولغان (جىن) شەيتاننىڭ ۋە ئىنسانلاردىن بولغان (ئادىمىي) شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن⑤ [1 ـ 6].***

★ بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى ئالدىنقى سۈرىنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى. بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇنى چايان چېقىۋالغان. نامازدىن كېيىن سۇ بىلەن تۇز ئەكەلدۈرۈپ، چايان چاققان جايغا قويغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا

سۈرە كافىرۇن، سۈرە ئىخلاس ۋە سۈرە ناسنى ئوقۇپ تۇرغان». (مەجمەئۇززەۋائىد 5-توم، 111-بەت، ئەلھەيسەمى بۇ ھەدىسنى ھەسەن دېگەن)

① ﴿رَبِّ﴾ «رەببى، پەرۋەردىگارى»نىڭ مەنىسى ئەزەلدىن پەرۋىش قىلغۇچى دېمەكتۇر. يەنى ئۇ ئىنساننى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىن باشلاپ، تاكى ئۇ ئاقىل ۋە بالىغ بولغۇچە پەرۋىش قىلغۇچى، ئاسرىغۇچى، باشقۇرغۇچى، ئىشلىرىنى تۈزىگۈچى ۋە تەدبىر قىلغۇچىدۇر. بۇ پەرۋىش خاس كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈندۇر، يەنە پەقەت بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بارلىق مەخلۇقات ئۈچۈندۇر. بۇ يەردە پەقەت ئىنسانلارنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۇلارنىڭ بارلىق مەخلۇقاتتىن ئەۋزەل ۋە شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈندۇر.

② بارلىق ئىنسانلارنى پەرۋىش قىلغۇچى ۋە باشقۇرغۇچى زاتنىڭ ئىلكىدە كائىناتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە پادىشاھلىقىمۇ بولىشى ئەڭ لايىقتۇر.

③ پۈتۈن كائىناتنىڭ رەببى ۋە پادىشاھى بولغان زاتلا ئىبادەت قىلىنىشقا ۋە ھەممە كىشىلەرنىڭ مەبۇدى بولۇشقا لايىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇ ئۇلۇغ ۋە كاتتا زاتنىڭ پاناھلىقىنى تىلەيمەن.

④ بۇ يەردىكى ﴿الْوَسْوَاسِ﴾ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە "المُوَسْوِسُ" ۋەسۋەسە قىلغۇچى دېگەن مەنىدە كەلگەن. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە " ذِىْ الوَسْوَاسِ " ۋەسۋەسىچى، ۋەسۋەسە ئىگىسى دېگەن مەنىدە كەلگەن دەپ قارىلىدۇ. ۋەسۋەسە مەخپىي ئاۋازنى كۆرسىتىدۇ. شەيتان تۇيدۇرماستىن ئىنساننىڭ خىيالىغا يامان ئوي-پىكىرلەرنى سالىدۇ. مانا بۇ ۋەسۋەسە دەپ ئاتىلىدۇ. ﴿الْخَنَّاسِ﴾ يوشۇرۇنغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، شەيتاننىڭ سۈپىتىدۇر. ئىنسان ھەرقاچان ئاللاھنى ياد ئېتىپ زىكىر ئېيتسا، شەيتان يوشۇرۇنىۋالىدۇ، ئەگەر ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالسا، شەيتان ئۇنىڭ دىلىنى ئىگەللىۋالىدۇ.

⑤ ۋەسۋەسە قىلغۇچىلار ئىككى قىسىم بولىدۇ: بىرىنچىسى، جىنلاردىن بولغان شەيتانلار. ئاللاھ تائالا جىنلاردىن بولغان شەيتانلارغا ئىنسانلارنى ئازدۇرالايدىغان سالاھىيەت ئاتا قىلغان. يەنە ھەربىر ئىنسانغا بىر شەيتان ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى ئازدۇرۇپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر شەيتان ۋەكىل (ھەمرا) قىلىندى» دېدى. ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ساڭىمۇ شۇنداق قىلىندىمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھەئە، لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇ شەيتانغا قارشى ماڭا ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەيتان ماڭا ئىتائەتمەن بولدى. ئۇ مېنى پەقەت ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ» دېدى. (سەھىھ مۇسلىم 2814-ھەدىس) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلىپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى يوقلاپ كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن سىرتقا چىققاندا، ئەنسارىلاردىن ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچرىغان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە: «بىلىپ قىلىڭلار! بۇ ئايالىم (ھۇيەيىنىڭ قىزى سەفىيە) بولىدۇ» دېگەن. ئۇ ئىككىسى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سەندىنمۇ گۇمان قىلامدۇق؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەيتان دېگەن ئادەم بالىسىنىڭ قېنى ماڭىدىغان يەردىن ماڭىدۇ. مەن شەيتاننىڭ سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا يامان خىيال سېلىشىدىن قورقتۇم» دېگەن. (سەھىھۇل بۇخارى 7171-ھەدىس) ئىككىنچىسى: ئىنسانلاردىن بولغان شەيتانلار. بۇ خىلدىكى شەيتانلار كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلغۇچى قىياپىتىدە كىشىلەرنى گۇمراھلىققا تەرغىب قىلىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: بۇ يەردىكى جىنلارنى ئازدۇرىدىغان شەيتاننىڭ ئىككى قىسمىدۇر. شەيتان ئىنسانلارنىمۇ ۋە جىنلارنىمۇ ئازدۇرۇش ئۈچۈن ۋەسۋەسە قىلىدۇ. بۇ يەردە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىنسانلارلا تىلغا ئېلىنغان، بولمىسا، جىنلارمۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى بىلەن ئازدۇرۇلىدىغانلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: سۈرە جىن 6-ئايەتتە جىنلار ئۈچۈن ﴿رِجَالٌ﴾ «ئەرلەر» سۆزى ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئايەتتىكى «ئىنسانلار» جۈملىسىگە كىرىدۇ.